2000

# شىنجاڭ يىلنامىسى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى

شىنجاڭ يىلنامە تەھرىراتى




دۆلەت چېگرىسى جۇڭگو خەرىتە نەشرىياتى 1992 - يىلى نەشر قىلغان
«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ خەرىتىسى» گە ئاساسەن سىزىلدى.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىلىش خەرىتىسى




شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۆلچەش- سىزىش ئىدارىسى تۈزۈپ بېسىتۇردى
خەرىتە نومۇرى: ش055 (2000) S نومۇرلۇق ( ئۇيغۇرچە ). خەرىتە تەكشۈرگۈچى: ياسىن تۇردى

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى

مۇدىر: ئابلەت ئابدۇرېشىت

مۇئاۋىن مۇدىرلار: ئابدۇقادىر نەسىردىن، قادىر جانابىل، سەرجە، فېڭ داجېن، يەن چۈڭخۇ، ۋاڭ گۈيجېن، بەي يۈشى (مەخسۇس)، ۋۇ شىڭدۇ (مەخسۇس)، سابىر ئەلى (مەخسۇس)، رېن مىڭجى (مەخسۇس)

ئەزالار: لى يى، ئارىپ، جيۇ چيەن، خەن شۆچى، چېن زېيۇ، چېن تۇڭۋېي، ئابدۇللا ھەمدۇللا، زۇنۇن قۇتلۇق، مىجىت ئابدۇرۇسۇل، خې فۇلىن، ئېلى زاھىد، سۇ دېگۈي، لى زېشيەن، چېن خۇڭبو، جاقىپ مىرزاقان، خۇاڭ يۇەنسەي

# «شىنجاڭ يىلنامىسى» (2000) ئۇيغۇرچە نەشرىنىڭ تەھرىرات خادىملىرى

باش مۇھەررىر: سابىر ئەلى

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر: ئابدۇرۇۋپ ئېلى، ئەخمەت ئىمىنهاجى جۇبەيرى

مەسئۇل مۇھەررىرلەر: ئابدۇرېھىم ياقۇپ، جەمىلە ئابلا



جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولىدا 1999 - يىل 12 - ئاينىڭ 6 - كۈنى پۈتۈن لىنىيە بويىچە قاتناش باشلاندى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باشلىقى لى پېڭ جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولىدا قاتناش باشلانغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن لېنتا كەستى.

شېن چياۋ فوتوسى



تۇنجى قېتىملىق پويىز قەشقەر ۋوگزالىدىن يولغا چىقتى.

تيەن زېڭيۇ فوتوسى



ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، ئاكادېمىيە باشلىقى لى تيېيىڭ 1999 - يىل 8 - ئاينىڭ 5 - كۈندىن 14 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى تەكشۈردى. سۈرەتتە: لى تيېيىڭ شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە بېغىشلىما يېزىپ بەرمەكتە.

چى شياۋشەن فوتوسى



ج ك پ مەركە-
زىي كومىتېتى
سىياسىي بيۇروسى-
نىڭ ئەزاسى، گوۋۇ-
يۈەنىنىڭ مۇئاۋىن
زۇڭلىسى چيەن
چىچېن ۋە ئۇنىڭ
ھەمراھلىرى قازا-
قىستان زۇڭتۇڭى
نەزەرباييېفنىڭ ۋەزى-
پىگە ئولتۇرۇش
مۇراسىمىغا قاتناشقان-
دىن كېيىن قايتىش
سەپىرىدە 1999 -
يىل 1 - ئاينىڭ 21 -
كۈنى ئۈرۈمچىدە قىسقا ۋاقىت توختىدى. سۈرەتتە: ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت قاتارلىقلار ئايرودرومغا بېرىپ مۇئاۋىن زۇڭلى چيەن چىچېننى كۈتۈۋالماقتا.

لى يۈڭۋاڭ فوتوسى



ش ئۇ ئا ر كۈتۈپخانىسىنىڭ يېڭى بىناسى پۈتۈپ 1999 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئېچىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن سۆز قىلدى.


جاۋ جۈنئەن فوتوسى



شىنجاڭ تاماكا زاۋۇتىنىڭ «گېنېرال» گۇرۇھىغا قوشۇلۇش مۇراسىمى 1999 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. سۈرەتتە: ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت بىلەن شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ باشلىقى لى چۈنتىڭلار «گېنېرال» گۇرۇھى شىنجاڭ تاماكا زاۋۇتىنىڭ ۋېۋىسكا يوپۇقىنى ئاچماقتا.

جاڭ شىنشېڭ فوتوسى

# جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولىدا پۇتۇن لىنىيە بويىچە قاتناش باشلاندى



پويىز قەدىمىي چۆل - جەزىرىدىن كېسىپ ئۆتمەكتە.
تيەن زېڭيۇ فوتوسى




ئەڭ ئاخىرقى رېلس ياتقۇزۇلماقتا.
لو شياۋگۇاڭ فوتوسى




«پويىز كەلدى» .
جاڭ جىگو فوتوسى



شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە زاتلىرى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن 1999 - يىل 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى شىنجاڭ «خەلق» سارىيىدا داغدۇغىلىق ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزدى.
جاۋ جۇنئەن فوتوسى



1999 - يىل 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئاۋمېن ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلدى، مەركىزىي شەھەر ئۈرۈمچى بايرام كەيپىياتىغا چۆمدى.
جاۋ جۇنئەن فوتوسى



شىنجاڭدا رەڭلىك پاختا سىناق تەرىقىسىدە تېرىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى.
شېن چياۋ فوتوسى



ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىنىڭ پولى ئېستىر قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ يۈرۈشلەشمە قۇرۇلۇشى شۇنىڭدەك 2 ـ خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇشى 1999 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 4 — 5 ـ كۈنلىرى دۆلەتنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

جاۋ جۇنئەن فوتوسى



تۇنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو ئالتاي خەلقئارا قار ـ مۇز ساياھەتچىلىكى سەنئەت بايرىمى 1999 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى باشلاندى.
جاۋ جۇنئەن فوتوسى

# تەھرىر ئىلاۋىسى

1. «شىنجاڭ يىلنامىسى» يەرلىك ئومۇمىي يىلنامە بولۇپ، 1985 - يىلدىن باشلاپ نەشر قىلىنىپ كەلدى. ئۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سىياسەت، ھەربىي ئىشلار، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ئىجتىمائىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئاساسىي قىياپىتى ۋە ئاساسىي ئەھۋالىنى ئومۇمىيۈزلۈك، سىستېمىلىق، ئەينەن تونۇشتۇرۇشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىدۇ، جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىنى توغرا ۋە ئىشەنچلىك ئۇچۇر بىلەن تەمىن ئېتىدۇ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى، ئىگىلىكىنىڭ گۈللىنىشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن، شۇنداقلا بارلىق كىتابخانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

2. «2000، شىنجاڭ يىلنامىسى» جەمئىي 31 تۈرگە ئايرىلدى: (1) ئومۇمىي ئەھۋال، چوڭ ئىشلار؛ (2) يەرلىك نىزاملار؛ (3) شانلىق 50 يىل؛ (4) سىياسەت؛ (5) جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئەدلىيە؛ (6) ئاممىۋى تەشكىلاتلار؛ (7) ھەربىي ئىشلار؛ (8) ئىگىلىك باشقۇرۇش ۋە نازارەتچىلىك؛ (9) مالىيە، باج؛ (10) پۇل مۇئامىلە، سۇغۇرتا، ئاكسىيە؛ (11) يېزا ئىگىلىكى؛ (12) سانائەت؛ (13) قاتناش، پوچتا - تېلېگراف؛ (14) شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى؛ (15) مۇھىت ئاسراش؛ (16) سودا؛ (17) ساياھەتچىلىك؛ (18) گېئولوگىيە، يەر تەۋرەش، مېتېئورولوگىيە؛ (19) ئىلىم - پەن؛ (20) مائارىپ؛ (21) مەدەنىيەت؛ (22) ئاخبارات، نەشرىياتچىلىق؛ (23) رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيە، (24) سەھىيە، تېببىي دورىگەرلىك؛ (25) تەنتەربىيە؛ (26) مىللەت؛ (27) ئىجتىمائىيەت؛ (28) ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە ناھىيىلەرنىڭ قۇرۇلۇشى؛ (29) شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى؛ (30) شەخسلەر؛ (31) قوشۇمچە.

«2000، شىنجاڭ يىلنامىسى» قىسىملار بىرلىك قىلىنىپ تارماق ۋە ماقالىلەردىن تەركىب تاپتى، ماقالىلەرنىڭ ماۋزۇسى قارا ھەرپ بىلەن بېرىلدى.

3. «2000، شىنجاڭ يىلنامىسى» — «شىنجاڭ يىلنامىسى» نەشر قىلىنغاندىن بۇيانقى 16 - تومى، ئۇنىڭدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 1999 - يىل 1 - ئايدىن 12 - ئايغىچە ھەر قايسى ساھە ۋە كەسىپلەردە ئىسلاھاتنى تېزلىتىش، ئىشىكنى سىرتقا يەنىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش داۋامىدا قولغا كەلتۈرگەن يېڭى تەرەققىيات، يېڭى مۇۋەپپەقىيەت، يېڭى تەجرىبىلىرى تەپسىلىي ۋە ئېنىق بايان قىلىندى. «2000، شىنجاڭ يىلنامىسى» نىڭ «مالىيە، پۇل مۇئامىلە» قىسمى «مالىيە، باج»، «پۇل مۇئامىلە، سۇغۇرتا، ئاكسىيە» دېگەن 2 بۆلەككە ئايرىلدى؛ «قۇرۇلۇش، مۇھىت ئاسراش، كارتوگرافىيە» قىسمى «شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى»، «مۇھىت ئاسراش» دېگەن 2 بۆلەككە ئايرىلدى؛ «سودا، ساياھەتچىلىك» قىسمى «سودا»، «ساياھەتچىلىك» دېگەن 2 بۆلەككە ئايرىلدى؛ «مەدەنىيەت، ئارخىپچىلىق» نىڭ نامى «مەدەنىيەت» كە ئۆزگەرتىلدى. شىنجاڭنىڭ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 50 يىلدىن بۇيان قولغا كەلتۈرگەن شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن «شانلىق 50 يىل» دېگەن سەھىپە كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى.

4. «2000، شىنجاڭ يىلنامىسى» گە كىرگۈزۈلگەن خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا دائىر ستاتىستىكىلىق ماتېرىياللاردا ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى ۋە جايلاردىكى ستاتىستىكا ئىدارىلىرىنىڭ ستاتىستىكىلىق ئاخباراتى ئاساس قىلىندى. ئوخشاش بولمىغان ئايرىم جايلاردا ستاتىستىكىلىق مەلۇماتنىڭ كېلىش مەنبەسى ئىزاھلاپ ئۆتۈلگەندىن باشقىسى ستاتىستىكىلىق ئاخبارات ئېلان قىلىنغاندىن كېيىنكى تۈزىتىلگەن سان.

5. «2000، شىنجاڭ يىلنامىسى» گە كىرگۈزۈلگەن ماقالىلەردىكى «مىللىي» سۆزى ئادەتتە خەنزۇدىن باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇرچە يىلنامىگە كىرگۈزۈلگەن شەخسلەردىن ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇلارنىڭ مىللەت تەركىبى ئىزاھلانمىدى، باشقا مىللەت كىشىلىرىنىڭ مىللەت تەركىبى ئىزاھلاپ ئۆتۈلدى. ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلەرنىڭ نامى، ئادەتتە، تۇنجى قېتىم تىلغا ئېلىنغاندا تولۇق ئاتالدى، باشقا جايلاردا ئادەتلەنگىنى بويىچە قىسقارتىپ ئېلىندى.

6. «2000، شىنجاڭ يىلنامىسى» گە كىرگۈزۈلگەن ماقالىلەرنى ئاپتونوم رايوندىكى تارماقلار، ئورۇنلار، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەر كۆرسەتكەن ماقالە يازغۇچىلار (ئۇيۇشتۇرغۇچىلار) مۇناسىۋەتلىك خادىملار ياكى كەسپىي خادىملارنى ئۇيۇشتۇرۇپ تەييارلىغان. بارلىق ماتېرىيال، سانلىق مەلۇماتلار نوپۇزغا ئىگە بولۇپ، مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكەن.

[illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible]

# مۇندەرىجە

مەۋقەنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەھۋالىغا قويۇپ، ئۈستۈنلۈكنى جارى قىلدۇرۇپ، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى پۇختا ئىلگىرى سۈرەيلى
ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى: ۋاڭ لېچۈەن ........ 1

## ئومۇمىي ئەھۋال. چوڭ ئىشلار

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ........ 11
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىلىشى ........ 23
1999 - يىلى ئاپتونوم رايون نوپۇسىنىڭ تارقىلىشى ۋە مىللىي تەركىبى ........ 27
1999 - يىلدىكى چوڭ ئىشلار ........ 32

## يەرلىك نىزاملار

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بېقىۋېلىش قانۇنى»نى ئىجرا قىلىش توغرىسىدىكى قوشۇمچە بەلگىلىمىسى ........ 52
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ياشانغانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش نىزامى ........ 52
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش قانۇنى»نى يولغا قويۇش چارىسى ........ 57
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كەنت ئاھالە كومىتېتى سايلام چارىسى ........ 63
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەمگەك ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش نىزامى ........ 69
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ «يەر باشقۇرۇش قانۇنى»نى يولغا قويۇش چارىسى ........ 73
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش - قالدۇرۇش چارىسى ........ 82
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دېلوغا چېتىشلىق بۇيۇملارغا باھا قويۇشنى باشقۇرۇش چارىسى ........ 87

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىنى تەپتىش قىلىش نىزامى ...... 90
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئارخىپ قانۇنى»نى يولغا قويۇش چارىسى ...... 94
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تۇزچىلىقنى باشقۇرۇش نىزامى ...... 97

## شانلىق 50 يىل

ئاپتونوم رايون بويىچە ئاساسلىق يىللاردىكى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات كۆرسەتكۈچى ...... 115

## سىياسەت

پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى ...... 121
ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى ...... 123
ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىشلىك ...... 148
ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى ...... 153
ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ...... 162
جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى ...... 183
دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار ...... 194
مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ...... 201
تاشقى ئىشلار، مۇھاجىرلار ئىشلىرى ...... 204
تەيۋەنگە ئالاقىدار ئىشلار ...... 212

## جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئەدلىيە

جامائەت خەۋپسىزلىكى ...... 214
تەپتىشلىك ...... 219
سوت ...... 221
ئەدلىيە ...... 229

## ئاممىۋى تەشكىلاتلار

ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ...... 235

كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ...... 242
ئاياللار بىرلەشمىسى ...... 251
سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ...... 259

## ھەربىي ئىشلار

شىنجاڭ ھەربىي رايونى ...... 264
شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيە قىسىملىرى ...... 290
شىنجاڭ قورallىق ساقچى قىسىملىرى ...... 294
قوراللىق ساقچى قىسىملىرى شىنجاڭ باش ئەترىتى ...... 294
قوراللىق ساقچى قىسىملىرى شىنجاڭ بىڭتۇەن قوماندانلىق شتابى ...... 300
قوراللىق ساقچى قىسىملىرى قاتناش 2 ـ باش ئەترىتى ...... 304
قوراللىق ساقچى قىسىملىرى شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى ...... 307
خەلق ھاۋا مۇداپىئەسى ...... 310

## ئىگىلىك باشقۇرۇش ۋە نازارەتچىلىك

ماكرولۇق تەڭشەش ـ تىزگىنلەش ...... 311
ئىقتىساد ـ تېخنىكا ھەمكارلىقى ...... 319
ستاتىستىكا خىزمىتى ...... 324
ئىقتىسادىي تەپتىشلىك خىزمىتى ...... 326
باھا خىزمىتى ...... 336
سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئەھۋالى ...... 346
سۈپەت ـ تېخنىكا نازارەتچىلىكى ...... 352
پورت باشقۇرۇش ...... 365
تاموژنا ...... 367
چېگرىدىن چىققان ـ كىرگەنلەرنى تەكشۈرۈش ۋە كارانتىن قىلىش ئەھۋالى ...... 369
يەر باشقۇرۇش خىزمىتى ...... 373

## مالىيە، باج

مالىيە ...... 374
يەرلىك باج ...... 383
دۆلەت بېجى ...... 386

# پۇل مۇئامىلە، سۇغۇرتا، ئاكسىيە

خەلق بانكىسى ........ 388
يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى ........ 393
سودا - سانائەت بانكىسى ........ 393
يېزا ئىگىلىك بانكىسى ........ 395
جۇڭگو بانكىسى ........ 396
قۇرۇلۇش بانكىسى ........ 400
قاتناش بانكىسى ........ 402
سۇغۇرتا ........ 403
ئاكسىيە ........ 408

# يېزا ئىگىلىكى

ئومۇمىي بايان ........ 412
دېھقانچىلىق ........ 423
چارۋىچىلىق ........ 426
ئورمانچىلىق ........ 438
دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش ........ 443
سۇچىلىق ........ 447
يېزا - بازار كارخانىلىرى ........ 449
بېلىقچىلىق ........ 452
ئامىراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش ........ 453

# سانائەت

ئومۇمىي بايان ........ 456
نېفىت سانائىتى ........ 464
شىنجاڭ نېفىتلىكى ........ 464
تارىم نېفىتلىكى ........ 469
تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى ........ 473
غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسى ........ 475

جەنۇبىي تارىم دەرياسى تەكشۈرۈش شىركىتى ........ 478
ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى ........ 481
جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز ترانسپورت شىركىتى ........ 483
كۆمۈر سانائىتى ........ 484
ئېلېكتر سانائىتى ........ 486
پولات - تۆمۈر سانائىتى ........ 491
رەڭلىك مېتال سانائىتى ........ 495
ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون سانائىتى ........ 496
بىناكارلىق ماتېرىياللىرى سانائىتى ........ 503
خىمىيە سانائىتى ........ 506
يېنىك سانائەت ........ 508
توقۇمىچىلىق سانائىتى ........ 511
تاماكىچىلىق كەسپى ........ 515

## قاتناش. پوچتا - تېلېگراف

تۆمۈريول ........ 516
تاشيول ........ 523
خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ........ 528
پوچتا - تېلېگراف ........ 533

## شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى

شەھەر قۇرۇلۇشى ........ 542
كەنت - بازار قۇرۇلۇشى ........ 547
ئۆي - زېمىن كەسپى ........ 548
بىناكارلىق ........ 551
كارتوگرافىيە ........ 559

## مۇھىت ئاسراش

مۇھىت باشقۇرۇش ........ 562

تەبىئىي ئېكولوگىيىنى ئاسراش ........ 566
مۇھىتنى كۆزىتىش ـ ئۆلچەش ۋە پەن ـ تېخنىكا ........ 568
مۇھىت تۈزەش ........ 570

## سودا

دۆلەت سودىسى ........ 575
ماددىي ئەشيا تىجارىتى ........ 581
تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى سودىسى ........ 582
ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش ـ سېتىش ........ 588
تاشقى ئىقتىساد ـ سودا ........ 591

## ساياھەتچىلىك

ئومۇمىي بايان ........ 596
بازار ئېچىش ........ 597
مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ........ 599
كەسىپ باشقۇرۇش ........ 599

## گېئولوگىيە، يەر تەۋرەش، مېتېئورولوگىيە

گېئولوگىيە ........ 601
يەر تەۋرەش ........ 628
مېتېئورولوگىيە ........ 642

## ئىلىم ـ پەن

شىنجاڭنى پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئەھۋالى ........ 664
پەن ـ تېخنىكا پىلانى ........ 668
نەتىجە ۋە پاتېنت ........ 686
تېخنىكا ئۆتكۈنۈپ بېرىش ئەھۋالى ........ 696

پەن ـ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش ـ كېڭەيتىش ئەھۋالى ........ 697
پەن ـ تېخنىكا خىزمىتى........ 700
تەبىئىي پەن ........ 720
ئېكولوگىيە، بايلىق ........ 720
فىزىكا ........ 723
ئاسترونومىيە ........ 727
دېھقانچىلىق ........ 729
چارۋىچىلىق ........ 736
ئورمانچىلىق ........ 739
ئىجتىمائىي پەن ........ 740

## مائارىپ

مائارىپ خىزمىتى ........ 752
ئاساس مائارىپى ........ 762
كەسپىي مائارىپ ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوم مائارىپى........ 766
ئالىي مائارىپ ........ 768
چوڭلار مائارىپى ........ 772
مىللىي مائارىپ ........ 773

## مەدەنىيەت

ئەدەبىيات ـ سەنئەت ........ 777
مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمىتى ........ 786
ئاممىۋى مەدەنىيەت ........ 792
كىنوچىلىق ........ 795
مەدەنىيەت بازىرى ........ 796
تارىخ، تەزكىرە تۈزۈش ئەھۋالى........ 798
ئارخىپچىلىق ........ 807

## ئاخبارات، نەشرىياتچىلىق

ئاخبارات ........ 809

نەشرىياتچىلىق ........ 816
مەتبەئەچىلىك ........ 818

## رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيە

رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيە ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ........ 819
كىنو فىلىملىرىنى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىغا تەرجىمە قىلىش ئەھۋالى ........ 832
تېلېۋىزىيە تىياتىرى ئىشلەش ئەھۋالى ........ 832

## سەھىيە، تېببىي دورىگەرلىك

سەھىيە ........ 835
تېببىي دورىگەرلىك ........ 849

## تەنتەربىيە

خەلقئارا مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىش ئەھۋالى ........ 852
مەملىكەتلىك رەسمىي مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىش ئەھۋالى ........ 852

## مىللەت

مىللەتلەر ئىشلىرى ........ 868
مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى ........ 873

## ئىجتىمائىيەت

نوپۇس، پىلانلىق تۇغۇت ........ 878
كادىرلار ئىشلىرى ........ 883
ئاپپارات ئىسلاھاتى ۋە شتات باشقۇرۇش خىزمىتى ........ 891

ئەمگەك ئىشلىرى ........ 895
ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەكشۈرۈش ئەھۋالى ........ 904
ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش ........ 922
پاراۋانلىق ئىشلىرى ........ 925
مېيىپلار ئىشلىرى ........ 929
ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتى ........ 931
ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى باشقۇرۇش ئەھۋالى ........ 934
ياشانغانلار خىزمىتى ........ 935
دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتى ........ 939
نىكاھ، دەپنە ئىشلىرى ........ 942

# ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە ناھىيىلەرنىڭ قۇرۇلۇشى

ئۈرۈمچى شەھىرى ........ 943
تيانشان رايونى ........ 947
سايباغ رايونى ........ 950
تۇدۇڭخابا رايونى ........ 952
شىمىگو رايونى ........ 954
يېڭىشەھەر رايونى ........ 957
نەنشەن كان رايونى ........ 959
دۇڭشەن رايونى ........ 960
ئۈرۈمچى ناھىيىسى ........ 962
قاراماي شەھىرى ........ 965
ئەۋزەللىككە ئىگە رايونلارنى ئالدىن راۋاجلاندۇرۇش ئاپتونوم رايوننىڭ غەربىي قىسمىنى كەڭ
كۆلەمدە ئېچىشتىكى بىر زور تەدبىرى
قاراماي شەھىرىنىڭ باشلىقى، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى تاڭ جيەننىڭ تەڭرىتاغنىڭ
شىمالىي ئېتىكى ئىقتىسادىي بەلۋېغىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش توغرىسىدا ئېيتقانلىرى ........ 967
مايتاغ رايونى ........ 971
قاراماي رايونى ........ 973
جەرەنبۇلاق رايونى ........ 974
ئورقۇ رايونى ........ 976
شىخەنزە شەھىرى ........ 978
ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى ........ 981
كۈيتۇڭ شەھىرى ........ 984
ئىلى ۋىلايىتى ........ 986

غۇلجا شەھىرى ........ 989
غۇلجا ناھىيىسى ........ 992
قورغاس ناھىيىسى ........ 994
نىلقا ناھىيىسى ........ 997
موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى ........ 999
تېكەس ناھىيىسى ........ 1001
توققۇزتارا ناھىيىسى ........ 1003
كۈنەس ناھىيىسى ........ 1006
چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى ........ 1009
تارباغاتاي ۋىلايىتى ........ 1011
غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، تارباغاتاينىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېڭى سەكرەشنى ئىشقا ئاشۇرايلى
ج ك پ تارباغاتاي ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى: تاڭ دىڭباڭ ........ 1012
چۆچەك شەھىرى ........ 1017
شىخو شەھىرى ........ 1019
دۆربىلجىن ناھىيىسى ........ 1022
چاغانتوقاي ناھىيىسى ........ 1024
تولى ناھىيىسى ........ 1026
ساۋەن ناھىيىسى ........ 1028
قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى ........ 1032
ئالتاي ۋىلايىتى ........ 1035
ئالتاي شەھىرى ........ 1038
قابا ناھىيىسى ........ 1040
بۇرچىن ناھىيىسى ........ 1043
جېمىنەي ناھىيىسى ........ 1045
بۇرۋلتوقاي ناھىيىسى ........ 1048
كۆكتوقاي ناھىيىسى ........ 1051
چىڭگىل ناھىيىسى ........ 1053
قاناتلىنىپ پەرۋاز قىلىپ، غەربىي شىمال چېگرىدا ئۇلۇغۋار پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرىمىز
ج ك پ چىڭگىل ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ يۈن
چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى: پاتىقان مالىكجىدار ........ 1056
بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى ........ 1057
بورتالا شەھىرى ........ 1062
جىڭ ناھىيىسى ........ 1065
ئارىشاڭ ناھىيىسى ........ 1067
سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى ........ 1069
سانجى شەھىرى ........ 1073

مىچۇەن شەھىرى ........ 1076
فۇكاڭ شەھىرى ........ 1078
ماناس ناھىيىسى ........ 1081
قۇتۇبى ناھىيىسى ........ 1084
جىمسار ناھىيىسى ........ 1086
گۇچۇڭ ناھىيىسى ........ 1089
مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى ........ 1091
تۇرپان ۋىلايىتى ........ 1093
تۇرپان شەھىرى ........ 1096
توقسۇن ناھىيىسى ........ 1098
پىچان ناھىيىسى ........ 1101
قۇمۇل ۋىلايىتى ........ 1103
قۇمۇل شەھىرى ........ 1106
ئاراتۈرۈك ناھىيىسى ........ 1108
بارىكۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى ........ 1110
بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى ........ 1112
كورلا شەھىرى ........ 1116
خېجىڭ ناھىيىسى ........ 1119
خوشۇت ناھىيىسى ........ 1121
باغراش ناھىيىسى ........ 1124
بۆگۈر ناھىيىسى ........ 1126
لوپنۇر ناھىيىسى ........ 1128
چاقىلىق ناھىيىسى ........ 1130
چەرچەن ناھىيىسى ........ 1132
يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى ........ 1134
ئاقسۇ ۋىلايىتى ........ 1137
ئاقسۇ شەھىرى ........ 1140
ئونسۇ ناھىيىسى ........ 1143
باي ناھىيىسى ........ 1146
كۇچا ناھىيىسى ........ 1149
توقسۇ ناھىيىسى ........ 1151
شايار ناھىيىسى ........ 1153
ئۇچتۇرپان ناھىيىسى ........ 1155
ئاۋات ناھىيىسى ........ 1158
كەلپىن ناھىيىسى ........ 1160
قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى ........ 1161
ئاتۇش شەھىرى ........ 1164

ئاقچى ناھىيىسى.......................................... 1166
ئۇلۇغچات ناھىيىسى .......................................... 1168
ئاقتۇ ناھىيىسى.......................................... 1170
قەشقەر ۋىلايىتى.......................................... 1172
قەشقەر شەھىرى.......................................... 1175
ۋەزىيەتنى كۆزلەپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشقا پائال قاتنىشايلى
ج ك پ قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ئەزاسى، قەشقەر شەھەرلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى:
جۇ خەيلۇن.......................................... 1176
قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى.......................................... 1179
قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى .......................................... 1181
مارالبېشى ناھىيىسى .......................................... 1183
پەيزاۋات ناھىيىسى.......................................... 1185
يوپۇرغا ناھىيىسى .......................................... 1187
يېڭىسار ناھىيىسى.......................................... 1190
مەكىت ناھىيىسى .......................................... 1192
يەكەن ناھىيىسى .......................................... 1194
پوسكام ناھىيىسى .......................................... 1197
قاغىلىق ناھىيىسى.......................................... 1199
تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى.......................................... 1201
خوتەن ۋىلايىتى.......................................... 1203
خوتەن شەھىرى.......................................... 1206
خوتەن ناھىيىسى .......................................... 1208
گۇما ناھىيىسى .......................................... 1210
قاراقاش ناھىيىسى.......................................... 1212
لوپ ناھىيىسى .......................................... 1214
كېرىيە ناھىيىسى .......................................... 1217
چىرا ناھىيىسى .......................................... 1219
نىيە ناھىيىسى .......................................... 1221

## شەرەپ تاختىسى

### ئىلغار شەخسلەر

خۇ شىڭخۇي .......................................... 1224
ۋاڭ دىرېن .......................................... 1224
ۋەتەن ئەزىزى .......................................... 1225

ما شىنپىڭ ...... 1225
گو جۇلىڭ ...... 1225
نىي خۇيپىڭ ...... 1226
گۇ رۇڭشياڭ ...... 1227
يەن يۇگو ...... 1227
شۇ فۇچىڭ ...... 1228
رەخمىتۇل سەيدۇل ...... 1228
شى خەنچىڭ ...... 1229
ئابلىز ئىمەر ...... 1230
ھەبىبۇللا ھۇسىيىن ...... 1230
جۇ گوشىڭ ...... 1231
ئابدۇراخمان ھەسەن ...... 1231
لى چياڭ ...... 1232
يەن خۇاۋېن ...... 1232
ۋاڭ فېڭمىڭ ...... 1232
جياڭ چىڭجۇڭ ...... 1233
نىياز ئەمەت ...... 1234
لى كېشىن ...... 1234
چېن دۇڭ ...... 1235
گوڭ شۇيىڭ ...... 1235
جاڭ ۋېي ...... 1235
خوڭ چىڭجاۋ ...... 1236
ما يۆچىن ...... 1236
خۇ فېڭلىن ...... 1237
مىن جۇڭپىڭ ...... 1237
سەلىمە ...... 1237
لياڭ شياۋپىڭ ...... 1238
بۇرھان ئاسىم ...... 1238
لى چياڭ ...... 1239
خەن جاۋدۇڭ ...... 1239
سۇن باۋشەن ...... 1240

## ئىلغار كوللېكتىپلار

دۆربىلجىن ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى مەدەنىيەت بازىرىنى تەكشۈرۈش چوڭ ئەترىتى ...... 1240
چىڭگىل ناھىيىلىك ئۇنىۋېرسال تۈزەش ئىشخانىسى ...... 1241
چىڭگىل ناھىيىلىك پوچتا ئىدارىسى ...... 1241
پىچان ناھىيىلىك سەھىيە ئىدارىسى ...... 1242

قۇمۇل شەھەرلىك كادىرلار ئىدارىسى ........ 1242
قۇمۇل شەھەرلىك دۆلەت بېجى ئىدارىسى........ 1243
قۇمۇل شەھەرلىك مالىيە ئىدارىسى پارتىيە ياچېيكىسى ........ 1243
قۇمۇل شەھەرلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ........ 1244
قۇمۇل شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ........ 1244
قۇمۇل شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى ........ 1245
قۇمۇل شەھەرلىك ئالتۇن كېنى ........ 1245
باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ........ 1246

# شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى

يېزا ئىگىلىك 1 - شىسى ........ 1254
يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى ........ 1255
يېزا ئىگىلىك 3 - شىسى ........ 1257
يېزا ئىگىلىك 4 - شىسى ........ 1258
يېزا ئىگىلىك 5 - شىسى ........ 1260
يېزا ئىگىلىك 6 - شىسى ........ 1261
يېزا ئىگىلىك 7 - شىسى ........ 1263
يېزا ئىگىلىك 8 - شىسى ........ 1264
يېزا ئىگىلىك 9 - شىسى ........ 1266
يېزا ئىگىلىك 10 - شىسى ........ 1267
بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىسى ........ 1268
ئۈرۈمچى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى ........ 1270
قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى ........ 1271
خوتەن دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى ........ 1271

# شەخسلەر

## ئىلغار نەمۇنىچىلەر

ۋۇ دېڭيۈن ........ 1273
سۇڭ شۇلىڭ ........ 1273
چېن بىڭدې ........ 1273
چېن دېجيې ........ 1274
سەيشان قادىقان ........ 1274

ئەرشى شەرىپىدىن ...... 1274
بەي شاۋيىڭ ...... 1274
ۋاڭ شيۇيۇن ...... 1275
گو جىڭەن ...... 1275
ۋاڭ يەنخۇڭ ...... 1275
جاڭ كەيىڭ ...... 1275
خەمىت ھاكىموۋ ...... 1276
دۇڭ گاڭ ...... 1276
شۇ جىپ ...... 1276
تۇرغۇن ئابدۇكېرىم ...... 1277
ۋاڭ يۇڭلەي ...... 1277
ئەركىن يۇنۇس ...... 1277
چېن شىنشېن ...... 1277
ئابلىمىت ھىمىت ...... 1278


## ئىنقىلابىي قۇربانلار


جاڭ لېي ...... 1278
ئابدۇرېھىمجان مەمەت ...... 1278
توختىرېھىم توختى ...... 1279
جى فېڭلەن ...... 1279
مۇرات رۇستەم ...... 1279
چېڭ جيەنخۇا ...... 1279
لى ۋېيدۇڭ ...... 1279


## ۋاپات بولغانلار


خۇاڭ كاڭ ...... 1280
خۇاڭ جيۇلى ...... 1280
فەن جۇندې ...... 1280
جاڭ يىشەن ...... 1281
گو بىن ...... 1281
جېڭ جىۋېن ...... 1281
ساۋ رۇڭجيۇ ...... 1282
قۇربانئالى ...... 1282
لى جاۋ ...... 1282
قازىبېك بىقالى ...... 1282
دۇەن چاڭجىن ...... 1283
ئەخمەت غازى ...... 1283
گېڭ ۋېيچيۇ ...... 1283

لى چاڭلىن ........................................ 1284
مەھەممەت تۇردى ........................................ 1284
لىيۇ يۇنفېڭ ........................................ 1284
ۋاڭ چاڭتەي ........................................ 1285
ياڭ خۇڭشى ........................................ 1285
لىيۇ مەنفاڭ ........................................ 1285
خەن مىڭرۇ ........................................ 1285
چېن شاۋخۇا ........................................ 1286
رېن شۇتيەن ........................................ 1286
لىيۇ خەن ........................................ 1287
جۇماش (ئەسلى ئىسمى ما تېڭيۈن) ........................................ 1287
فېڭ دىيەنكۈي ........................................ 1287
سۇن يى ........................................ 1287
سەي زۇڭجى ........................................ 1288
ياڭ ۋەنزاۋ ........................................ 1288
لىيۇ يۇنشېڭ ........................................ 1288
لىيۇ فېڭچى ........................................ 1289
جۇ جېڭشىڭ ........................................ 1289
لى يۇفۇ ........................................ 1289
لى كېچۇەن ........................................ 1290
لى يۈتىڭ ........................................ 1290
ۋاڭ خۇادۇڭ ........................................ 1290

## قوشۇمچە

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 1999 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى توغرىسىدىكى ستاتىستىكىلىق ئاخباراتى ........................................ 1291

# مەۋقەنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەھۋالىغا قويۇپ، ئۈستۈن-لۈكنى جارى قىلدۇرۇپ، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى پۇختا ئىلگىرى سۈرەيلى

ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن

غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئېلىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى «ئىككى ئومۇملۇق» ئىستراتېگىيىلىك ئىدىيىسىگە ئاساسەن، ئومۇملۇقنى ئىگىلەپ، يېڭى ئەسىرگە يۈزلىنىپ قوللانغان زور تەدبىرى. 1999 - يىل 6 - ئايدا غەربىي شىمالدىكى 5 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون بويىچە چاقىرىلغان سۆھبەت يىغىنىدا، باش شۇجى جياڭ زېمىن غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش مەسىلىسىنى بىر قەدەر مەركەزلىك سۆزلىدى، كېيىن ئۇ باشقا تۈرلۈك شەكىلدىكى يىغىنلاردىمۇ بۇ ھەقتە كۆپ قېتىم توختالدى. باش شۇجى جياڭ زېمىن مۇنۇلارنى ئېنىق كۆرسەتتى: غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش پۈتۈن مەملىكەت تەرەققىياتىدىكى زور ئىستراتېگىيە، زور تەپەككۇر يولى، ئېلىمىزنىڭ كېيىنكى ئەسىردىكى تەرەققىياتىدىكى بىر زور ئىستراتېگىيىلىك مەسىلە؛ ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنىڭ شەرتى ئاساسەن ھازىرلاندى، پۇرسىتى پىشىپ يېتىلدى؛ شەرقىي قىسىم دېڭىز بويىدىكى رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى داۋاملىق تېزلىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنىمۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي تېزلىتىش لازىم؛ ھازىردىن باشلاپ بۇنى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ زور ئىستراتېگىيىلىك ۋەزىپىسى قاتارىدا تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇش كېرەك. پارتىيە 15 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنى، مەركەز ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىدا غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش مەسىلىسى ئېلىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىدىكى بىر زور ئىستراتېگىيە قىلىپ رەسمىي بېكىتىلدى. ئەسىر ئالمىشىش پەيتىدە، ئېلىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش



قۇرۇلۇشىنىڭ 2 - قەدەملىك ئىستراتېگىيىلىك نىشانى پات ئارىدا ئومۇميۈزلۈك ئىشقا ئاشىدۇ، 3 - قەدەملىك ئىستراتېگىيىلىك نىشانغا قاراپ قەدەم تاشلايمىز. مۇشۇنداق پەيتتە غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش زور ئىقتىسادىي ئەھمىيەتكە ۋە سىياسىي ئەھمىيەتكە ئىگە. غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش رايونلار ئارا تەرەققىيات پەرقىنى تەدرىجىي كىچىكلىتىپ، رايونلارنىڭ ئورتاق گۈللىنىپ، ئورتاق بېيىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق؛ پۈتكۈل ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى ئىستراتېگىيىلىك تەڭشەپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ سىجىل، تېز، ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق بولۇپ، ئۇ ئىچكى ئېھتىياجنى ئاشۇرۇپ، ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى تېزلىتىشتىكى زور تەدبىر ھېسابلىنىدۇ؛ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش

ۋە چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەشكە پايدىلىق. بۇ ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈشكىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل دۆلەت ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇلۇغۋار نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا غايەت زور تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. بىز چوقۇم غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ زور ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ، ئىدىيىمىز ۋە ھەرىكىتىمىزنى مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويماي چىڭ تۇتۇشىمىز؛ كونا سەنەمگە دەسسەپ، كونا نەرسىلەرگە ئېسىلىۋالماي، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، كۈچلۈك بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك.

غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش رايون ئۇقۇمىلا ئەمەس، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇ جۇڭگونىڭ ھازىرقى زامان ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ھالىتى ۋە جايلىشىشىنىڭ زور دەرىجىدە تەڭشەلگەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ، ئۇ دۆلەت تەرەققىياتىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىستراتېگىيىسى، شۇڭا ئۇنى ئاسانلا ۋۇجۇدقا چىقىرىش مۇمكىن ئەمەس. شەرقىي رايون بىلەن غەربىي رايوننىڭ پەرقىنى بولۇپمۇ دېڭىز ياقىسىدىكى رايونلار بىلەن غەربىي رايوننىڭ پەرقىنى ھازىرقى تەرەققىيات سۈرئىتى بويىچە قىسقا مۇددەت ئىچىدە كىچىكلەتكىلى بولمايدۇ. بۇ خىزمەتنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكىنى غەربىي رايوندىكى بىر قىسىم چەكلەش ئامىلى ۋە ھازىرقى ئاساسىي شارائىت بەلگىلىگەن. بىز غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى، مۇشكۈللۈكىنى چوقۇم تولۇق تونۇپ، ئالدىراقسانلىق قىلىش، بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرۈشتەك پىسخىك ھالەتنى قەتئىي تۈگىتىپ، ئۇزاق مۇددەت كۆرەش قىلىشقا ياخشى ئىدىيىۋى تەييارلىق قىلىپ، ھەممىدە ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت بويىچە ئىش قىلىپ، ئارتۇقچىلىقلارنى جارى قىلدۇرۇپ، يېتەرسىزلىكلەرنى تۈگىتىپ، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش قىسقا مۇددەتلىك، ئوتتۇرا مۇددەتلىك، ئۇزاق مۇددەتلىك پىلان بىر گەۋدە قىلىنغان ئىستراتېگىيە، شۇڭا، بىر تۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىپ، ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى بىلەن قىسقا مۇددەتلىكلىكىنى بىرلەشتۈرۈش، نۆۋەتتىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش بىلەن كەلگۈسى تەرەققىيات نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش كېرەك. بىز غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك، توغرا تونۇپ، ھەم ئۇتۇقلۇق ھەر بىر مىنۇتنى چىڭ تۇتۇپ دەيدىغان تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىغا ئىگە بولۇپ، ھەم ئۇزاققا سوزۇلغان ئۇرۇش قىلىشقا تەييار تۇرۇپ، مەۋقەنى ھازىرقى ئىشلارغا قويۇپ، يىراق كەلگۈسىگە نەزەر سېلىپ، پۇختا قەدەم تاشلاپ، ھەر يىلى بىر زور قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىشىمىز لازىم.

غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئاپتونوم رايونىمىزغا تېپىلغۇسىز تەرەققىيات پۇرسىتى ئېلىپ كەلدى. بۇ ئىستراتېگىيىنى يولغا قويۇش جەريانىدا، دۆلەت ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويۇش، ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش، مالىيىدىن يۆتكەپ چىقىم قىلىشنى كۆپەيتىش، نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇش، شەرقىي رايون بىلەن غەربىي رايوننىڭ ھەمكارلىقى ۋە سىستېمىلار بويىچە ياردەم بېرىشنى زورايتىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق غەربىي رايوننى كۈچلۈك سىياسەت مەدەتى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ، بۇ، شۈبھىسىزكى، شىنجاڭنى ئېچىش قۇرۇلۇشىدا مۇھىم ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. دۆلەتنىڭ مەدىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، تەييارلىق خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلىشىمىز، بولۇپمۇ دۆلەتنىڭ بەزى زور ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ۋە باشقا قۇرۇلۇش تۈرلىرىدىن ئەڭ زور دەرىجىدە كۆپرەك ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىشنى تۈرلۈك ئاماللار بىلەن قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن بىزدە تايىنىۋېلىش كەيپىياتى، دۆلەتنىڭ مەدەت بېرىشىنى كۈتۈپ تۇرۇش ئىدىيىسى شەكىللىنىپ قالسا ھەرگىز بولمايدۇ، چۈنكى دۆلەتنىڭ مەبلەغ سالىدىغىنى پەقەت بەزى چوڭ تۈرلەر بىلەنلا چەكلىنىدۇ، بەك كۆپ ھۆددە ئالالمايدۇ. نۇرغۇن ئىشلارنى يەنىلا ئۆزىمىز قىلىشقا، باش رولنى ئۆزىمىز ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. بۇنىڭ ئۆزىلا بىر ياخشى تاشقى مۇھىت يارىتىپ بەردى. قانداق قىلىپ بۇ پايدىلىق پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ياخشى ئېچىشتا بىزنىڭچە سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئەڭ مۇھىم. ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى بولغاندىلا ئاندىن پۇرسەتنى تۇتقىلى بولىدۇ؛ پۇرسەتنى كۆپ ياكى ئاز تۇتۇشنىڭ ئاچقۇچى ئۆزىمىزدە. غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا مەركەز بەزى چوڭ تۈرلەرنى قوللىشى مۇمكىن. مۇبادا بىز پۈتۈن ئۈمىدىمىزنى دۆلەتنىڭ چوڭ تۈرلىرىگىلا باغلىساق، ئۇنداقتا بىز جەزمەن مەغلۇپ بولىمىز. چوڭ تۈرلەردە، كۆپلەپ مەبلەغ سېلىشتا ھەرگىز بوشاشماي دۆلەتنىڭ مەدەت بېرىشىنى پائال، تەشەببۇسكارلىق بىلەن

قولغا كەلتۈرۈشىمىز لازىم. لېكىن غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا ئاساسىي زېھنىي كۈچىمىزنى دۆلەتنىڭ مەدەت بېرىشىگە قاراتساق ھەرگىز بولمايدۇ. ئەڭ مۇھىمى ئۆزىمىز قول سېلىپ ئىشلەپ، خىزمەتتە مەۋقەنى ئۆز خىزمىتىمىزدىن ئىبارەت ئاساسقا قويۇپ، ھەر تەرەپتىكى كۈچلەرنى ئىشقا سېلىپ قوزغىلىش ئېلىپ بېرىشىمىز، بۇ ئىدىيىنى چوقۇم پۇختا تۇرغۇزۇشىمىز لازىم. «كۈتۈپ تۇرۇش، تايىنىۋېلىش، تەلەپ قىلىش» ئىدىيىۋى قارىشىنى قەتئىي چۆرۈپ تاشلاپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش ئېڭى، رىقابەت ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، قىيىنچىلىقتىن قورقماي ئىرىشىپ يۇقىرى ئۆرلەپ، كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىشىنى پۇختا ئېلىپ بېرىش لازىم.

غەربىي رايوننى قانداق قىلىپ كەڭ كۆلەمدە ئېچىش مەسىلىسىدە مەركەز ئېنىق پىكىر بولىنى، يەنى نۆۋەتتە ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە، ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى ئېچىشنىڭ ئاساسى قىلىش، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسراش ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشنى كۈچەيتىشنى ئېچىشنىڭ نېگىزى قىلىش، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى ياخشى تۇتۇشنى ئېچىشنىڭ ئاچقۇچى قىلىش، پەن - تېخنىكا، مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنى ئېچىشنىڭ مۇھىم شەرتى قىلىش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىشنى ئېچىشنىڭ قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىز شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، مەركەزنىڭ پىكىر يولى ۋە تەلىپى بويىچە، پىلاننى ياخشى تۈزۈپ، ياخشى تەييارلىق قىلىشىمىز لازىم. نۆۋەتتە ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى چىڭ تۇتۇپ تەڭشەش ھەممىدىن مۇھىم. بۇ ھەم يىراق كەلگۈسىنى نەزەردە تۇتقاندا، ھەم كۆز ئالدىمىزدىكىنى كۆزلىگەندە جىددىي قىلىشقا تېگىشلىك ئىش، شۇنداقلا شىنجاڭدىكى جايلار، تارماقلار، يۇقىرى - تۆۋەن، ھەر تەرەپ ئۆزى قول سېلىپ قىلىدىغان ئىش. ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى ياخشى تەڭشەش نۆۋەتتىكى ئەڭ جىددىي مەسىلە، شۇنداقلا ناھايىتى تېز ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدىغان چوڭ مەسىلە. بىز بازارنى يېتەكچى قىلىپ، ئىچكى - تاشقى بازارغا بىرلەشتۈرۈپ، مەۋقەنى ئاپتونوم رايون ئەھۋالىغا قويۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەش مەسىلىسىنى ئۆز ئۈستۈنلۈكىمىزنى چىقىش قىلىپ مۇھاكىمە قىلىشىمىز لازىم. مەيلى ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ياخشىلاشتا بولسۇن ياكى پەن - تېخنىكا، مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش، ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سالمىقىنى ئاشۇرۇشتا بولسۇن، ھەممىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى زور دەرىجىدە تەڭشەشنى چۆرىدەپ ئېلىپ بېرىش، ھەممىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش لازىم. ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنىڭ دەرىجىسىنىڭ ھەر قېتىملىق ئۆسۈشى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرىدۇ، بۇ ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ بىر قانۇنىيىتى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا يۇقىرىدىن - تۆۋەنگىچە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەشنى نۆۋەتتىكى خىزمەتلەرنىڭ ئاساسلىق كۈچىنىش نۇقتىسى قىلىپ، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش پۇرسىتىنى غەنىيمەت بىلىپ، قۇرۇلمىنى تەڭشەشنى تېزلىتىپ، قۇرۇلمىنى تەڭشەش ئارقىلىق ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، كەڭ كۆلەمدە ئېچىشقا تۈرتكە بولۇش لازىم.

## 1. مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئەلالىرى ۋە كۈچلۈكلىرىنى يۆلەپ، ئەڭ ئۈستۈنلۈككە ئىگە رايون ۋە ئەڭ ئۆزگىچە مەھسۇلات، كەسىپلەرنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك.

بۇ قېتىمقى غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە شارائىتى بىز ئىلگىرى ئېچىش، گۈللەندۈرۈش بىلەن شۇغۇللانغان ئارقا كۆرۈنۈش ۋە شارائىت بىلەن چوڭ پەرقلىنىدۇ، بۇ قېتىمقى غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى بەرپا قىلىنىۋاتقان ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈۋاتقان، سېتىۋالغۇچىلار بازىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى روشەن بولغان چوڭ ئارقا كۆرۈنۈشتە تۇتۇش قىلىنىدۇ. شۇڭا، بىز كۈچلۈك بازار ئېڭىغا ئىگە بولۇپ، بازارنى يېتەكچى، ئۈنۈمنى مەركەز قىلغان ھالدا تەرەققىيات پىلانى تۈزۈپ چىقىشىمىز، خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشىمىز كېرەك.

رايون نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئاپتونوم رايونىمىز، جايلىرىمىز ئەڭ شارائىتى بار جايلاردا تەرەققىياتنى تېزلىتىشى كېرەك. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن دەسلەپكى مەزگىلدە، دۆلىتىمىز تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى جەھەتتە چەكلىك دۆلەت كۈچىنى ئۈنۈمى ئەڭ ياخشى، شارائىتى ئەڭ ياخشى بولغان دېڭىز بويى رايونلىرىغا ئالدىن سېلىپ، شەرقىي رايوننىڭ تەرەققىياتىنى ئالدىن ئىلگىرى سۈردى، ئۇنىڭدىن كېيىن دۆلەت كۈچىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، تەدرىجىي ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. 20 يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە مەركەز دۆلىتىمىزنىڭ بەلگىلىك شارائىتقا ئىگە بولغانلىقى، غەربىي رايونىمىز

بەلگىلىك ئاساسقا ئىگە بولغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا، شىنجاڭ پايدىلىق پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، تەرەققىياتنى تېزلىتىش ئۈچۈن ئۆز رېئاللىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، تۈرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىش، ئەلالىرىنى، كۈچلۈكلىرىنى يۆلەش پرىنسىپىنى گەۋدىلەندۈرۈشى كېرەك. شىنجاڭنىڭ كۆلىمى 1 مىليون 600 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدۇ، شىمالىي شىنجاڭ بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ، شەرقىي قىسىم بىلەن غەربىي قىسىمنىڭ شارائىتى ئوخشاشمايدۇ. جايلارنىڭ شارائىتى ئوخشاشمايدۇ، ئەسلى تەرەققىيات ئاساسىمۇ، ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىمۇ ئوخشاشمايدۇ. بۇ پەرقنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۆزگەرتىش قىيىن. غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش بىر ئۇزاق جەريان، بىرقەدەر قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ھەممە جاينى تەكشى تەرەققىي قىلدۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. ھازىر قارىغاندا، كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسى ھەل بولمىغان جايلاردا نامراتلىق تۈگىتىلمىسە، كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىنمىسا بولمايدۇ. چوقۇم يەيدىغان تاماق بولۇش، كىيىدىغان كىيىم بولۇش، ئولتۇرىدىغان ئۆي بولۇشنى تېزدىن ئىشقا ئاشۇرۇش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتا قەتئىي تەۋرەنمەسلىك كېرەك. بۇنىڭدا چىڭ تۇرۇش شەرت. لېكىن، بىز ھازىر دەۋاتقان غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش مەسىلىسىدە ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىشىمىز، مۇھىم نۇقتىدا بۆسۈش ھاسىل قىلىشىمىز، قايسى جاينىڭ شارائىتى ئەۋزەل بولسا، قايسى جاينىڭ شارائىتى بولسا شۇ جاينى ئالدى بىلەن تېز سۈرئەتلىك يولغا كىرگۈزۈپ، تۈرلۈك چارە - ئاماللار بىلەن شارائىت يارىتىپ، ئۇلارنى تېز سۈرئەتلىك يولغا ئىتتىرىپ چىقىرىپ، تاشقى كۈچنىڭ ياردىمىدە تېخىمۇ تېز، تېخىمۇ ياخشى تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشنى ئويلىشىشىمىز لازىم، بۇمۇ بىزنى تەرەققىي قىلمىغان رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاش شارائىتىغا تېخىمۇ ئىگە قىلىدۇ. شۇنداقلا بۇ باشقا جايلارنى كۆرگىلى، تۇتقىلى بولىدىغان تەجرىبە بىلەن تەمىن ئېتىپ، ئۇلاردا تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى پەيدا قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇپ، تەرەققىياتنى تېزلىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. ئۇنداق بولسا، شىنجاڭدا شارائىتى ئەڭ ياخشى جاي قايسى؟ بىزنىڭ تەھلىل قىلىشىمىزچە، تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي، شىمالىدىكى 2 تۆمۈر يول لىنىيىسىنىڭ بويى، بولۇپمۇ تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى شەرقتە ئۈرۈمچىدىن باشلاپ غەربتە شىخوغىچە بولغان جايلار جۈملىدىن ئۈرۈمچى، سانجىنىڭ 4 شەھەر - ناھىيىسى (مىچۈەن، سانجى، قۇتۇبى، ماناس)، شىخەنزە، ساۋەن، شىخو، كۈيتۇڭ، مايتاغ، قاراماي، ئىشلەپچىقىرىش... پېزا ئىگىلىك 6 - شىسى، 7 - شىسى، 8 - شىسى، ئۈرۈمچى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى قاتارلىق جايلار شارائىتى ئەڭ ياخشى جايلار ھېسابلىنىدۇ. بۇ جايلارنىڭ ئەسلىدىكى شارائىتى بىرقەدەر ياخشى، قاتناش، خەۋەرلىشىش قولايلىق، نوپۇسنىڭ قۇرۇلمىسى، ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىمۇ بىرقەدەر ياخشى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن 20 يىلدىن بۇيان، بۇ جايلارنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى بىرقەدەر يۇقىرى بولدى، 1998 - يىلىدىكى ستاتىستىكىدىن قارىغاندا، بۇ جايلارنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 42.38% نى ئىگىلىگەن. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 19.77% نى، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 48.7% نى، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 52.15% نى، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 65.53% نى ئىگىلىگەن. بۇ جايلار شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىدىكى يادرولۇق جايلار بولۇپ، تېز تەرەققىي قىلىشنىڭ ئۇل شارائىتىنى ھازىرلىدى. شۇڭا، بىز بۇ جايلارنى ئالدىن تاللاپ تېز تەرەققىي قىلدۇرماقچىمىز.

بۇ ئىشتا مۇنداق 2 مەسىلىنى ئالاھىدە ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز كېرەك. بىرىنچى، بىزنىڭ تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغنى تاللىشىمىز ھەمدە شارائىت يارىتىپ بۇ جايلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنى ئوتتۇرىغا قويۇشىمىز ئاپتونوم رايون ئورگىنى مەبلەغنى بۇ جايلارغا ئالدىن سالىدۇ دېگەندىن دېرەك بەرمەيدۇ. بۇنىڭدا ئاساسلىقى نۆۋەتتە شىنجاڭدىكى ئەڭ جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە جاينى تاللاپ، ئاپتونوم رايون ئىچى - سىرتىدىكى، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ مەبلىغى جەلپ قىلىنىدۇ. دۆلەتنىڭ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ئىچكىرى جايلاردىكى، دېڭىز ياقىسىدىكى ۋە چەت ئەللەردىكى بەزى كارخانا گورۇھلىرى دۆلەتنىڭ بۇ زور ئىستراتېگىيىسىنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، بەس - بەستە ئالدىن تۇتۇش قىلىشقا تەييارلىنىۋاتىدۇ، بىزمۇ ئىچكىرىدىكى، دېڭىز ياقىسىدىكى چوڭ كارخانا گورۇھلىرىدىن شىنجاڭغا تەكشۈرۈشكە كەلگەنلەرنىڭ كۆرۈنەرلىك كۆپىيىۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ بۇ بازارنى ئىگىلىمەكچى بولۇۋاتقانلىقى ھەمدە بۇ يەرنى ۋاسىتە قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا، شەرقىي ياۋروپادىكى بازارلارغا كىرمەكچى

بولۇۋاتقانلىقىنى ئېنىق ھېس قىلدۇق. بىز كۆپ يىللاردىن بۇيان «شەرق بىلەن بىرلىشىپ، غەربكە چىقىرىش»، «كۈچلۈكلەر بىلەن بىرلىشىش»، «ھەمكارلىشىپ ئۆزگەرتىش» ئارقىلىق ئۆزىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن بولساقمۇ، بۇنداق شارائىت ئىزچىل ھازىرلانماي كەلگەنىدى. ھازىر شارائىت پىشىپ يېتىلدى. ئۇلار كېلىشنى خالىغانىكەن، بىز ئاكتىپ، ئاقىل پوزىتسىيىدە بولساقلا، ناھايىتى كۆپ جەھەتتە ھەمكارلىقنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى، ئىچكىرى جايلاردىكى ئەمەلىي كۈچكە ئىگە نۇرغۇن كارخانا گۇرۇھلىرى، جۈملىدىن يۇقىرالار باشقۇرۇشىدىكى نۇرغۇن كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىنى قولغا كەلتۈرگىلى، ئۇنى ھازىرقى كارخانا ئاساسىمىز بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، باشلامچىلار ئەگەشكۈچىلەرنى يېتەكلەپ، ئەگەشكۈچىلەر باشلامچىلارغا تۈرتكە بولۇپ، ئۆز ئارا ئىلگىرى سۈرۈپ، تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. لېكىن شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز كېرەككى، ئۇلار نامراتلارنى يۆلەش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى مەبلەغ سېلىپ پايدا ئېلىش ئۈچۈن كېلىدۇ. بىز نۆۋەتتە شىنجاڭدىكى ئەڭ مەبلەغ جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە جايلارنى تاللاپ تەشۋىق قىلىپ، ئەڭ ئۈستۈنلۈككە ئىگە تەرەپلەرنى ئۇلار ئالدىدا نامايان قىلىپ، مەبلەغ سالغۇچىلارنى جەلپ قىلىشىمىز، باشقىلارغا مەبلەغ سېلىپ تېز ئۈنۈم كۆرۈش ئىمكانىيىتى بېرىشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆزىمىزنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى يەنىمۇ زورايتىشىمىز كېرەك. ئاپتونوم رايون تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغنى ئالدىن تاللاشتا دەل يۇقىرىقى تەرەپلەرنى كۆزدە تۇتقان. ئىككىنچى، ئەلالىرىنى، كۈچلۈكلىرىنى يۆلەش دېگەنلىك ئالدىن تاللانغان جايلارنىڭلا قىلىدىغان ئىشى بار دېگەنلىك ئەمەس. غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا ھەممە جاينىڭ قىلىدىغان ئىشى بار. ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلار، ناھىيە، شەھەرلەرمۇ ئەلالىرىنى، كۈچلۈكلىرىنى يۆلەش پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، رايون ئىگىلىكىنىڭ جايلىشىشىنى يەنىمۇ ئەلالاشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ بۆسۈش ئېغىزىنى توغرا تېپىپ چىقىپ، ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى رايونى، كارخانىسىنى تاللاپ، ئەڭ ئۆزگىچە مەھسۇلاتلارنى تاللاپ، ئىچكى قىسمىدىن كىرگۈزۈپ سىرت بىلەن بىرلىشىپ تەرەققىياتنى تېزلىتىپ، ئۆزىنىڭ زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىش ئالدىنقى سەپ بازىسى، كوزىر مەھسۇلاتى ۋە باشلامچى كەسپىنى ئىمكانقەدەر تېز شەكىللەندۈرۈشى كېرەك. ئاپتونوم رايونىنىڭ تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغنى ئالدىن تاللىغانلىقى ھەرگىزمۇ باشقا جايلار كۈتۈپ تۇرسا، ئاستا - ئاستا تەرەققىي قىلسا بولىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس، ھەر بىر جاي ئۆزىنىڭ خىزمەت مۇھىم نۇقتىسىنى توغرا تېپىپ چىقىپ، ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇپ، پۇختا ئىلگىرىلىشى كېرەك.

رايون ئۈستۈنلۈكىدىن قارىغاندا، كورلا، ئاقسۇ، ئىلتۇش، قەشقەر، تورپان، قۇمۇل، غۇلجا، بورتالا قاتناش، چېگرا ئېغىزى، ساياھەت جەھەتتە ئۈستۈنلۈككە ئىگە، ئۇلارنىڭ نۇقتىلىق ئېچىش، تېز تەرەققىي قىلىش، تەسىر كۆرسىتىش مەركىزى شەكىللەندۈرۈش شارائىتى بار. ھازىرقى كەمى نۇقتىلىق بۆسۈش ھاسىل قىلىدىغان كۈچلۈك ئاڭ ۋە تەدبىرنىڭ بولۇشىدا قالدى.

مەھسۇلات ئۈستۈنلۈكىدىن قارىغاندا، ئىلى، بايىنغولىن، تارباغاتاي، بورتالا، سانجى، قۇمۇلنىڭ بىرمۇنچە ناھىيە، شەھەرلىرى چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئالاھىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە. بۇ جايلاردا يەر كۆپ، ئوتلاق كۆپ، سۇ كۆپ بولۇشتەك پايدىلىق شارائىتتىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئائىلىۋى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بىر تۈركۈم تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق چوڭ ئائىلىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىنچىكە قوي يۇڭى بازىسى، ئۆچكە تىۋىتى بازىسى، گۆش قويى، گۆش كالىسى، سۈت كالىسى بازىسى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىشىمىز كېرەك. بۇنىڭدا رايونلارنى ئايرىش، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش، كىچىك ھەم قالايمىقان بولۇش ۋەزىيىتى كۆرۈلۈشنىڭ چوقۇم ئالدىنى ئېلىش كېرەك. چوقۇم ئائىلىۋى كۆلەملىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى تەكىتلىشىمىز، جۈملىدىن ھازىر بار دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بەزى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىدىمۇ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىپ ئىگىلىك باشقۇرۇش يولىدا مېڭىشىمىز، بىۋاسىتە ياكى شەكلى ئۆزگەرگەن ھالدا داشقازاننىڭ تامىقىنى يەيدىغان ئىشنى قايتا قىلماسلىقىمىز كېرەك. دېھقانچىلىق رايونلىرىدا تارقاق ھالدا باقمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشتىن ساقلىنىش تەس، شۇنداقتىمۇ بەزى باقمىچىلىق چوڭ ئائىلىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك.

ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىك بەزى جايلاردا ئالاھىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە. كورلا نەشپۈتى جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرگە داڭلىق، ئۇ ناھايىتى بازار ئىستىقبالىغا ئىگە، ھېچبولمىغاندا بايىنغولىن ئوبلاستى، ئاقسۇ ۋىلايىتى نەشپۈتنى يېتەكچى مەھسۇلات قىلىپ، تېز تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، مىقدارىنى ئاشۇرۇپ، ھەقىقىي تۈۋرۈك كەسىپكە ئايلاندۇرۇشى كېرەك. خوتەندە قۇم - بوران ئاپىتى ئېغىر، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 200 نەچچە كۈن توپا ياغىدۇ، شۇڭا بۇ جاينىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى بەلگىلەشتە ئورمانچىلىقنى ئاساس قىلىش، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق،

دېھقانچىلىقنى بىرلەشتۈرۈشنى ئويلىشىپ كۆرۈش كېرەك، بۇ جايدا ئورمانچىلىقنى ئاساس قىلىش، بوراندىن مۇداپىئەلىنىش ئورمىنى، ئىقتىسادىي ئورمان بىلەن يېپىنچا ئىھاتە ئورمىنىنى، ئورمان بىلەن ئوت - چۆپنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش كېرەك. تېرىقچىلىقتا ئاساسلىقى شۇ جايدىكى پۇقرالارنىڭ تاماق مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى ئاساس قىلىش، بوراندىن مۇداپىئەلىنىش ئورمىنى بىلەن ماتېرىيال ئورمىنىغا تەڭ ئېتىبار بېرىش كېرەك، تېز ئۆسىدىغان ھوسۇللۇق ئورمانلىنى كەڭ كۆلەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇشقىمۇ بولىدۇ، ئىقتىسادىي ئورماندا ئانار، ياڭاق، مېغىز ئۆرۈكنى ئاساس قىلىش، بولۇپمۇ ئانار، ياڭاقنى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك. قەشقەردە ئاشلىق، پاختا ئىشلەپچىقىرىشنى ياخشى ئېلىپ بارغاندىن باشقا، ئىقتىسادىي ئورماننى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يېزىلاردا ئىقتىسادىي مەنبە بىرخىللا بولۇش، دېھقانلارنىڭ كىرىمى تۆۋەن بولۇش ھالىتىنى ئۆزگەرتىش كېرەك. تۇرپان، قىزىلسۇدا ئۈزۈمنى، ئىلى، ئاقسۇدا ئالمىنى، يەنە بىرقانچە جايدا قوغۇننى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا بولىدۇ، ھەممە جاينى بىر - بىرلەپ تىلغا ئېلىپ ئولتۇرمايمەن.

قىسقىسى، كەسىپ، مەھسۇلاتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، شىنجاڭچە ئالاھىدىلىككە ئىگە كەسىپ ۋە مەھسۇلاتلارنى ئالدىن، كەڭ كۆلەمدە، تېز تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئالاھىدىلىك بولۇش، باشلىنىش نۇقتىسى يۇقىرى بولۇش، سۈرئىتى تېز بولۇش، كۆلىمى چوڭ بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇش دېگىنىمىز دۆلەت ئىچى - سىرتىدا باشقىلار ئورنىنى باسالمايدىغان بايلىق ئۈستۈنلۈكىگە ۋە كەسىپ، مەھسۇلات تەرەققىيات ئۈستۈنلۈكىگە ئىگە بولۇش دېگەنلىكتۇر. يەنى باشقىلاردا يوق نەرسىلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، باشقىلاردىمۇ بارلىرىنى ئەلالاشتۇرۇش، باشقىلارنىڭ ئۇسۇلىنى ھەرگىز قارىغۇلارچە ئەينەن كۆچۈرۈپ كەلمەسلىك، باشقىلارنىڭ ئارقىدىن ئەگىشىپ ماڭماسلىق، ئوبيېكتىپ شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈش، چوڭقۇر، ئەمەلىي تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، بەزى ئىشلارنى قىلىش، بەزى ئىشلارنى قىلماسلىق كېرەك. ئالاھىدىلىكى يوق بولسا قىلماسلىق، ئۈستۈنلۈكى بولمىسا قەتئىي ۋاز كېچىش كېرەك. جايلار ئۆزلىرىنىڭ كۈچىنىش نۇقتىلىرىنى تاللىغاندا، چوقۇم ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي خىزمىتىنى بازار ئىگىلىكى قارىشى ۋە نەزەرى ئارقىلىق ئۆلچەپ ۋە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆز مەھسۇلاتى ۋە كەسپىنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىپ بېكىتىپ، ھەقىقىي ئالاھىدىلىككە ئىگە نەرسىلەرنى تاللاپ چىقىپ، ئەلالىرىنى، كۈچلۈكلىرىنى يۆلەش پرىنسىپى بويىچە، ئۆزىنىڭ كوزىر مەھسۇلاتى ۋە يېتەكچى كەسپىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشى كېرەك. شۇ جاينىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان مەھسۇلات، كەسىپلەرنى پائال راۋاجلاندۇرۇش، لېكىن تەرەققىيات كۆلىمىنى بەك چوڭ قىلىۋەتمەسلىك كېرەك؛ ئالاھىدىلىككە، ئۆزگىچە بايلىق ئۈستۈنلۈكىگە ئىگە، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بازارلارغا كىرەلەيدىغان مەھسۇلات ۋە كەسىپلەرنى تېزدىن كېڭەيتىش، ياخشى يولغا قويۇش ۋە كۈچەيتىش كېرەك.

باشلىنىش نۇقتىسىنى يۇقىرى قىلىشتا، پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ زامانىۋى يىرىك ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى نىسبىي ئارقىدا قالغان، كەسىپ تەرەققىيات سەۋىيىسى يۇقىرى ئەمەس، رىقابەت كۈچى كەمچىل، شۇڭا، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى ئىستراتېگىيىلىك تەڭشەشتە تۆۋەن سەۋىيىلىك كەسىپلەرنى تەكرارلايدىغان، ھەممەيلەن بىر ئىشقا تەڭ تۇتۇش قىلىدىغان ئىشنى قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ، مەۋقەنى چوقۇم يۇقىرى باشلىنىش نۇقتىسى، يۇقىرى سەۋىيىگە قويۇپ، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى كەسىپ تەرەققىياتىنىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە يېتىشىۋېلىش كېرەك. باشلامچى كارخانىلاردىن بىرسى ۋۇجۇدقا كەلسە، شۇ بىرسىنى مۇۋەپپەقىيەت قازاندۇرۇش كېرەك. دۇنيادىكى ئىلغار سەۋىيىدىكى ئۈسكۈنە، تېخنىكىلارنى قوللانغان ۋە كىرگۈزگەن كارخانىلارنى، كەسىپلەرنى ۋە مەھسۇلاتلارنى ئالدىن يۆلەپ ئۇلارغا نۇقتىلىق مايىللىشىش كېرەك. ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەشنى ئومۇمىي جەھەتتىن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۈستۈنلۈككە ئىگە كەسىپ، مەھسۇلاتلىرىنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنى ۋە ئاپتونوم رايونىمىز ئىقتىسادىنىڭ ساپاسىنى، ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى چۆرىدىگەن ھالدا ئېلىپ بېرىش كېرەك. قىسقىسى، يېڭىچە زامانىۋىلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئالدىدىكى، ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدىكى ۋە ئىشلەپچىقىرىشتىن كېيىنكى ھەرقايسى ھالقىلاردا زامانىۋىلىشىشنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك. بىرىنچىدىن، خەلقئارادا ۋە دۆلەت ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئەلا سۈپەتلىك سورتلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش، ئالدىنقى ئورۇندىكى سورت، سۈپەت ئۈستۈنلۈكىنى ھاسىل قىلىش ھەمدە يېتەرلىك كۆلەملىك ئىشلەپچىقىرىشنى شەكىللەندۈرۈپ، بۇ ئارقىلىق مول بايلىق بىلەن تەمىنلەش كېرەك. ئىككىنچىدىن، ئىشلەپچىقىرىشنى خەلقئارادىكى ئىلغار سۈپەت ئۆلچىمى ئارقىلىق تەشكىللەپ، خەلقئارانىڭ سۈپەت جەھەتتىن ئېتىراپ قىلىشىنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈپ، مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپەت دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئەلا سۈپەتلىك، داڭلىق ماركىلىق مەھسۇلاتلارنى يارىتىش كېرەك.

سۈرگەتنى تېزلىتىشتە، تەرەققىيات پۇرسىتىنى مىنۇت، سېكۇنتىنىمۇ قولدىن بەرمەي چىڭ تۇتۇش كېرەك. بارغانسېرى كەسكىنلىشىۋاتقان بازار رىقابىتىدە، ئوخشاش بىر خىل مەھسۇلاتنى كىم سۈپەتلىك، ئەرزان ئىشلەپچىقارالىسا، شۇ بازارنى ئالدىن ئىگىلەيدۇ-دە، رىقابەتتە غەلىبە قىلىدۇ. تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى بولمىسا، مىسلىداپ پۇرسەت ھەرقانچە ئۆزگىچە، ياخشى بايلىق ئۈستۈنلۈكىگە ئىگە بولغان تەقدىردىمۇ بازارنى باشقىلار ئىگىلەپ كېتىپ، تەرەققىيات پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويىمىز. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى يۇقىرى - تۆۋەندىكىلەر چوقۇم «بىر تۈمەن يىل بەك ئۇزاقتۇر بەك ئۇزاق، تۇتقۇلۇق ھەر بىر مىنۇتنى چىڭ تۇرۇپ» دېگەن ئېلىشىش روھى بويىچە، ئۆزگىچە ئۈستۈنلۈككە ئىگە مەھسۇلات، كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ئۆزگىچە ئۈستۈنلۈكنى ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە، ئىچكى - تاشقى بازاردىكى رىقابەت ئۈستۈنلۈكىگە ئايلاندۇرۇشى لازىم.

كۆلەمنى كەڭ قىلىشتا ئالاھىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە بايلىق ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنى كەڭ قىلىپلا قالماستىن، بەلكى پىششىقلاپ ئىشلەش كۆلىمىنىمۇ كەڭ قىلىش كېرەك. بايلىق، ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى پىششىقلاپ ئىشلەش باشلامچى كارخانىلىرىنىڭ كۆلىمىنىڭ ئاساسى، پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىلىرىنىڭ كۆلىمى خام ماتېرىيال ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىگە تۈرتكە بولىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ. بىر قەدەر كەڭ كۆلەملىك ماتېرىيال بازىسى بولمىسا باشلامچى كارخانىلارنى شەكىللەندۈرۈش ۋە ئۇلارنى زورايتىش قىيىن. شۇڭا توغرا تاپقان ئۆزگىچە مەھسۇلات، كەسىپلەرنى پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن كېڭەيتىشىمىز ۋە ياخشى يولغا قويۇشىمىز لازىم.

## 2. مەمۇرىي رايون چەك - چېگرىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، رايون ئىگىلىكى قارىشىنى كۈچەيتىپ، بىرىكمە ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى داغدۇغا بىلەن ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

ئىلگىرى بىز چوڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى چوڭ قىلالمىدۇق. بۇ ناھايىتى زور دەرىجىدە تەكرار قۇرۇلۇش قىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك. تەكرار قۇرۇلۇش قىلىش كۆپ ھاللاردا كارخانىنىڭ تەۋەلىك مۇناسىۋىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئىقتىسادنىڭ ساغلام، تېز تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇشتىن ئېلىپ ئېيتقاندا مەمۇرىي رايون قارىشىنى سۇسلاشتۇرۇش، رايون ئىقتىسادىي ئېڭىنى بارغانسېرى كۈچەيتىش لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندا ھەم تەكرار قۇرۇلۇشنى ئازايتىپ، مەبلەغ ئىسراپچىلىقىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ، ھەم ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ تەننەرخنى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەتكىلى بولىدۇ. ئالدى بىلەن تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغدا بىرلىشىشنى كۈچەيتىپ، مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ ئەلا سۈپەتلىك پاختا، ئەلا سۈپەتلىك يىپ ئىشلەپچىقىرىش بازىسى، مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ ئۈزۈم ھارىقى ئىشلەپچىقىرىش بازىسى، مەملىكەت بويىچە مۇھىم چارۋا مەھسۇلاتلىرى ۋە قىزىل كەسىپ بازىسى شەكىللەندۈرۈش لازىم. بۇلارنىڭ ھەممىسىدە مەمۇرىي رايون، جۇغراپىيە چەك - چېگرىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، بىرلىككە كەلگەن بازا شەكىللەندۈرۈش لازىم، ئەڭ ياخشىسى گۇرۇھ شىركەت شەكىللەندۈرۈپ بىرتۇتاش تەشكىللەپ يولغا قويۇش لازىم. يېزا ئىگىلىك 8 - شى ئاپتونوم رايون بويىچە مەھسۇلات مىقدارى ئەڭ كۆپ بولغان پاختا ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى، ئۇلار كۆپ يىل تىرىشىش ئارقىلىق «يىڭلى» ماركىلىق ئەلا سۈپەتلىك پاختا ماركىسىنى ياراتتى، «يىڭلى» ماركىلىق پاختا گۇرۇھى قۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. مېنىڭچە يېزا ئىگىلىك 8 - شىسى باشلامچى بولۇپ، تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى پاختا ئىشلەپچىقىرىشنى يېتەكلىسە، بىڭتۇەن بىلەن يەرلىك بىرلىكتە تىرىشىپ، ئۇنى تېزدىن زورايتىپ، كوزىر مەھسۇلات قىلىپ شەكىللەندۈرسە بولىدۇ. كۆپچىلىك قۇتۇبىدىكى «تەڭرىتاغ» پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنى كۆردى، ئۇ ھازىرغا قەدەر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بىردىنبىر «يىدا» گۇرۇھىنىڭ 100 مىڭ ئۇرچۇقى بىلەن بەسلىشەلەيدىغان كارخانا. ئۇلاردا نەپىس يىپ ئېگىرىش مىقدارىنى 500 مىڭ ئۇرچۇققا يەتكۈزىدىغان زور ئىرادە بار، بۇنىڭ ئۈچۈن يېقىن ئەتراپتىكى بىرقانچە پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ بىرلىشىشىگە، كونا ئۈسكۈنىلەرنى يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ ھەم دۆلەتنىڭ كەسىپ يۆنىلىشىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ، ھەم سېلىنىدىغان مەبلەغنى زور دەرىجىدە ئازايتقىلى، ئەلا سۈپەتلىك يىپ ئىشلەپچىقىرىش بازىسى شەكىللەندۈرگىلى بولىدۇ، شۇنداقلا بازار رىقابەت كۈچىگە ۋە خېيىمخەتەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولىدۇ. ماناس فرانسىيىنىڭ پوردو رايونى بىلەن بىر پاراللېلدا بولۇشتەك پايدىلىق شارائىتتىن پايدىلىنىپ، «شىنتيەن» گۇرۇھى بىلەن ھەمكارلىشىپ فرانسىيىنىڭ ئۈزۈم سورتى ۋە ھۈنەر - سەنئەت تېخنىكىسىنى كىرگۈزۈپ قىزىل، ئاق ئۈزۈم ھارىقى ئىشلەپچىقاردى، ھازىر 30 مىڭ توننا ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە. بىرقانچە يىل كېڭەيتىش ئارقىلىق 100 مىڭ توننا ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولماقچى. نۆۋەتتە ئۇلار ئىشلەپچىقارغان ئۈزۈم ھارىقى چېڭدۇ سودا يەرمەنكىسىدە ئالقىشقا ئېرىشتى، ئۈنۈمىمۇ ناھايىتى ياخشى بولدى. «شىنتيەن»

ھاراقچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى مۇشۇ بەلۋاغنىڭ تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى زور دەرىجىدە تەڭشەشكە تۈرتكە بولدى، مانا بۇ بىرىكىش، يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈش ئارقىلىق شەھەر - يېزا ئىقتىسادىنىڭ بىرىكىشىگە تۈرتكە بولۇش. چوڭ كەسىپكە تۇتۇش قىلىمىز دېيدىكەنمىز ھەممە ئىشنى ئىستېپا قىلىپ شەكىللەندۈرىمىز، باشلامچى بولىمىز دەپ تۇرۇۋالماسلىقىمىز لازىم، بۇ مۇمكىن ئەمەس. بىڭتۇەن بىلەن يەرلىكنى، ساناەت بىلەن يېزا ئىگىلىكىنى، شەھەر بىلەن يېزىنى ئايرىۋېتىش ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىپ، بىر - بىرىگە تايىنىش، بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش، بىر تۇتاش پىلانلاش، بىرىكىپ راۋاجلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. رايونلار ئارا ئىقتىسادىي ئالاقىنى كۈچەيتىپ، بىرىكىپ راۋاجلىنىش يولىدا مېڭىش لازىم، بۇ ناھايىتى مۇھىم مەسىلە، بىڭتۇەن بىلەن يەرلىكنىڭ، شەھەر بىلەن يېزىنىڭ بىرىكىشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك، بۇ خىزمەت ياخشى ئىشلەنسە ئىقتىسادىمىز تېخىمۇ تېز، تېخىمۇ ياخشى تەرەققىي قىلىدۇ.

### 3. ئىدىيىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش سىياسىتىدە قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش كېرەك.

كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى يولغا قويۇش ئۈچۈن ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، يېڭى ئېچىۋېتىش قۇرۇلمىسىنى تىرىشىپ بەرپا قىلىپ، ئىشىكنى چوڭ ئېچىۋېتىش ئارقىلىق كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. بىز ئىشىكنى دۆلەت سىرتىغا، ئىچكىرىدىكى، دېڭىز بويىدىكى رايونلارغىلا ئېچىۋېتىپ قالماي، ئاپتونوم رايونىمىز ئىچىدىكى قېرىنداش ۋىلايەت، ناھىيىلەر، كارخانىلار ۋە ئورۇنلارغىمۇ ئېچىۋېتىشىمىز، قىسقىسى، ئۆزىمىزدىن باشقا بارلىق جايلار، ئورۇنلارغا ئېچىۋېتىشىمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېچىۋېتىش سالمىقىنى زورايتىشىمىز لازىم. ئىچكىرىدىكى، دېڭىز بويىدىكى جايلاردىكى ئەمەلىي كۈچى بار زور بىر تۈركۈم كارخانا گۇرۇھلىرى، جۈملىدىن يۇقىرىلار باشقۇرۇشىدىكى كارخانا گۇرۇھلىرى شىنجاڭغا كېلىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار كەڭ كۆلەمدە مەبلەغ سالماقچى. ئۇلار كېلىپ مەيلى كىم بىلەن ھەمكارلاشسۇن، بىز ئۇلارنى قوللىشىمىز كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، كارخانىلىرىمىزنى كۈچلۈكلەر بىلەن بىرلىشىش، ھەمكارلىشىپ ئۆزگەرتىش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ تەرەققىي قىلىشقا پائال ئىلھاملاندۇرۇپ، كارخانىلىرىمىزنىڭ سىرتقا قاراپ كېڭىيىشىنى قوللىشىمىز، رايون ھالقىدى دەپ چەك قويماسلىقىمىز كېرەك، ھازىر

قانداق قىلىپ كارخانىلىرىمىزنى تېزدىن زورايتىش، ئۈنۈمگە ئىگە قىلىش ھەممىدىن مۇھىم. ئىختىساس ئىگىلىرىنى پائال كىرگۈزۈپ، رولىغىلا قاراش، تەۋەلىكىگە ئېسىلىۋالماسلىق كېرەك. قايسى خىلدىكى ئىختىساس ئىگىلىرى كېرەك بولسا، شۇ خىلدىكى ئىختىساس ئىگىلىرىنى كىرگۈزۈپ، ماھاشى قاتارلىق جەھەتلەردىكى تەمىناتىنى ياخشىلاش، ئەمما ئۇلاردىن چوقۇم مۇشۇ جايدا ئولتۇراقلىشىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالماسلىق كېرەك. كۆپ خىل يوللاردىن پايدىلىنىپ ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ كۈچىنى شىنجاڭنى ئېچىش، گۈللەندۈرۈش ئىشلىرىغا قاتنىشىشقا قوزغاش كېرەك.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا جۈملىدىن شەرقىي ياۋروپا بازارلىرىنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىش لازىم. بىز بۇ بازارلارنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋاتىمىز، بۇ ئۈستۈنلۈكىمىزدىن تولۇق پايدىلىنىپ، كارخانا گۇرۇھلىرىنى بۇ جايلارغا بېرىپ تەكشۈرۈشكە تەشكىللەپ، ئاپتونوم رايون ئىچى ۋە سىرتىدىكى بەزى چوڭ كارخانا گۇرۇھلىرى بىلەن بىرلىكتە بۇ جايلاردا بازار ئېچىشقا جۈرئەت قىلىشىمىز ۋە ماھىر بولۇشىمىز كېرەك. بۇ خىزمەت ياخشى ئىشلەنسە بىزنىڭ ئىچكى قىسمىدا بىرلىشىپ، سىرتتىن كىرگۈزۈش خىزمىتىمىزنىڭ جەلپكارلىقى زور دەرىجىدە ئاشىدۇ. ئۇ جايلاردا ئىش قىلماقچى بولىدىغان ئىشنى يۇقىرى باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ باشلىشىمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە سۈرئەت تېز بولۇشى كېرەك. چۈنكى شىنجاڭ بازىرى ھامان نىسبەتەن كىچىك بولۇپ، ئۆزىمىزنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان مەھسۇلاتلارنىلا ئىشلەپچىقارساق ئاساسىي جەھەتتىن چوڭ ئىش قىلالمىغان بولىمىز، بۇ مەھسۇلاتلار كەم بولسا بولمايدۇ، ئەمما كۆپ بولۇپ كەتسە مەسىلە چىقىدۇ. شۇڭا، كەسىپ، مەھسۇلات قۇرۇلمىمىزنى تەڭشەشكە بىرلەشتۈرۈپ، ئىچكى - تاشقى بازارنى جايىدا تاللاپ، تۈرلۈك چارە - ئاماللار بىلەن يۇقىرى سەۋىيىلىك، يۇقىرى سۈپەتلىك مەھسۇلاتلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. پەمىدۇر قىيامىنى مىسالغا ئالساق، «تۇنخې» گۇرۇھى مەھسۇلات مىقدارىنى 300 مىڭ توننىغا يەتكۈزۈشنى پىلانلىدى، ئۇلارنىڭ چەت ئەلدە سېتىش يوللىرى بار، بازىرى چەت ئەلدە، بۇنى ئۇلارغا تايىنىپ ناھايىتى ياخشى تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ. «تۇنخې» گۇرۇھى نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىشقا جۈرئەت قىلالىدى؟ ئۇنىڭ سىرى «دېلوڭ» گۇرۇھى بىلەن ھەمكارلاشقانلىقىدا، «دېلوڭ» گۇرۇھىنىڭ خەلقئارادا بازار ئېچىش ئۈستۈنلۈكىگە ئىگە بولغانلىقىدا. ئۇنىڭدىن باشقا، زاراڭزا، زاراڭزا مېۋىسى ناھايىتى زور تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچىگە ئىگە، ئۇنى خەلقئارا بازارغا، جۈملىدىن جەنۇبىي

ئاسىيا، كورىيە ۋە ياپونىيە بازىرىغا كىرگۈزۈشتىن تامامەن ئۈمىد بار. بۇ ئىشتا بازا قۇرۇلۇشى بىلەن بازار ئېچىشنى تەڭ تۇتۇش كېرەك، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىمىز ۋە ئالاقىدار تارماقلىرىمىز كارخانىلارنىڭ بازار ئېچىشى ئۈچۈن يۇقىرى ئۈنۈملۈك، ئەلا سۈپەتلىك مۇلازىمەت قىلىشى كېرەك.

## 4. رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، كەڭ كۆلەمدە ئېچىشقا دائىر تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلۇشىنىڭ مۇھىم كاپالىتى. ئاپتونوم رايوندىن تارتىپ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەر، بىڭتۇەننىڭ شى، ئىدارىلىرى ھەمدە ھەر دەرىجىلىك رەھبىري كادىرلارغىچە چوقۇم غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ زور ئەھمىيىتىنى ھەقىقىي تونۇپ، مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىش ئىدىيىۋى لۇشيەنىگە ئەمەل قىلىپ، مەۋقەنى رايون ئەھۋالىغا قويۇپ، ئۈستۈنلۈكنى توغرا تېپىپ، رەھبەرلىك قارىشى، رەھبەرلىك ئۇسۇلى، رەھبەرلىك ئىستىلىنى ياخشىلاپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك.

(1) ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، ئۆز جايىنىڭ تەرەققىيات مۇھىم نۇقتىسىنى بېكىتىش كېرەك. غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى بىر رايونغا كونكرېتلاشتۇرغاندا، بۇ تېپىلغۇسىز تارىخىي پۇرسەتنى قانداق قىلىپ چىڭ تۇتۇپ شۇ جاينىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش جايلاردىكى پارتىيە كومىتېتلىرى، خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە. شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈش كېرەككى، جايلارنىڭ تەرەققىياتى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ قوللىشىدىن ئايرىلالمايدۇ، بىراق قوللاشقىلا تايىنىۋېلىش كۇپايە قىلمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئاپتونوم رايونىمىزدا جايلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ ناھايىتى چوڭ ئىكەنلىكىنى، كەڭ كۆلەمدە ئېچىش داۋامىدا ئوخشاش بىر ئەندىزىنى قوللانغىلى بولمايدىغانلىقىنى، جايلارنىڭ كونكرېت لايىھىسىنى ئاپتونوم رايوننىڭ بىرمۇ بىر تۈزۈپ بېرىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىنى كۆرۈش كېرەك. ئەڭ ئاساسلىقى مەملىكەت بويىچە يۇقىرى - تۆۋەن ئورتاق دىققەت قىلىۋاتقان، قوللاۋاتقان غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتەك بۇ پايدىلىق چوڭ مۇھىتنى چىڭ تۇتۇپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىچكى - تاشقى ئىقتىسادىي ۋەزىيەت ۋە ئۆز ئۈستۈنلۈكى، يېتەرسىزلىكلىرىنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلىپ، شۇ جايدىكى ئەڭ زور ئۈستۈنلۈكنىڭ نېمىلىكى، بازار رىقابىتى كۈچى ئەڭ كۈچلۈك كەسىپ ۋە مەھسۇلاتنىڭ نېمىلىكىنى توغرا ئىگىلەپ، پىكىر يولىنى راۋانلاشتۇرۇپ، ئۆز ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، كەڭ كۆلەمدە ئېچىش يېتەكچى ئىدىيىسىگە ماس كېلىدىغان، بازار ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشالايدىغان تەرەققىيات مۇھىم نۇقتىسىنى بېكىتىش كېرەك. بىزنىڭ يېڭى پىكىر يولى، يېڭى تەدبىر، يېڭى چارە بولۇشنى تەكىتلىشىمىز ئۆتمۈشتىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ ئىشنى باشتىن باشلايدىغانلىقىمىزدىن، كەڭ كۆلەمدە ئېچىش دېگەندە جەزمەن بىر يۈرۈش يېڭى نەرسىلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشىمىزدىن دېرەك بەرمەيدۇ. بۇ بىر خىل خاتا چۈشەنچە. ئىلگىرىكى تەرەققىيات پىكىر يولىنى سوغۇققانلىق بىلەن ئوبيېكتىپ تەھلىل قىلىشىمىز، ئومۇمەن ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرگەنلىكىنى ئەمەلىيەت ئىسپاتلىغان، ئامما ھىمايە قىلغان ياخشى نەرسىلەردە داۋاملىق چىڭ تۇرۇشىمىز ھەمدە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز كېرەك. سىرتنىڭ تەجرىبىسىگە قارىتا، چوقۇم ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىش كېرەك، قارىغۇلارچە ئەينەن كۆچۈرۈپ كېلىپ ئىشلىتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ. بەزى تۈرلەر بىر جايغا باب كەلمىسە، بۇ تۈرگە قەتئىي تۇتۇش قىلماسلىق كېرەك.

(2) يېڭى تەپەككۇر ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، رەھبەرلىك خىزمىتىنى ياخشىلاش كېرەك. رەھبەر بىرىنچىدىن، چارە - تەدبىر كۆرسىتىدۇ، ئىككىنچىدىن، كادىر ئىشلىتىدۇ. نۆۋەتتىكى يېڭى ۋەزىيەتتە، رەھبەرلىك خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە، قاراشنى ئۆزگەرتىپ، يېڭى تەپەككۇر ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، بازار ئىگىلىكى چارىسى بىلەن رەھبەرلىك خىزمىتىنى كۈچەيتىش كېرەك. پىلانلىق ئىگىلىك قارىشىنى ئۆزگەرتىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا بازار ئىگىلىكى قارىشى بىلەن يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك. قالاق ئىشلەپچىقىرىش ئادىتىنى ئۆزگەرتىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ راۋاجلاندۇرۇش قارىشىنى تۇرغۇزۇش كېرەك. مەھسۇلات ئىگىلىكى ئېڭىنى ئۆزگەرتىپ، تاۋار ئىگىلىكى قارىشى، ئۈنۈم بىرىنچى دەيدىغان قاراشنى تۇرغۇزۇش كېرەك. ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى پۈتكۈل ئىچكى - تاشقى چوڭ ئارقا كۆرۈنۈش، چوڭ قۇرۇلمىغا قويۇپ، كۈچلۈك رىقابەت ئېڭى، ئېچىۋېتىش ئېڭىنى تۇرغۇزۇش كېرەك. رەھبەرلىك قارىشى ۋە تەپەككۇر ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىرىشى ناھايىتى كۆپ ئەمەلىي مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇنى ناھايىتى ياخشى مۇھاكىمە قىلىشىمىز ۋە ئىگىلىشىمىز كېرەك. رەھبەرلىك خىزمىتىنى قانداق ئىدىيىۋى قاراش، قانداق خىزمەت ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ئىشلەش نەچچە مىليون خەلق ئاممىسىنىڭ ئامراتلىقتىن

قۇتۇلۇپ بېيىپ ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشىگە، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش دۆلەتنى، خەلقنى ھەقىقىي كۆڭلىگە پۈككەن، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچ چىقىرىدىغان بىر تۈركۈم رەھبىرىي كادىرلارغا مۇھتاج. بۇ بىزدىن ھەم ئادەم ئىشلىتىش جەھەتتە كۆز قاراشنى ئۆزگەرتىپ، نەزەر دائىرىمىزنى كېڭەيتىپ، بىر تۈركۈم ياخشى كادىرلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشىمىزنى، ھەم ھازىر بار ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ رولىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇپ، ئىختىساس ئىگىلىرىنى قوغداپ، ئۇلارنىڭ ئىشلاردا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنى قوللىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. پەن - تېخنىكا كادىرلىرىنىڭ ئۆز ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇشىغا مەدەت بېرىش لازىم، ئۇلارغا باشقا جەھەتتە ئارتۇقچە تەلەپ قويۇشقا بولمايدۇ. بىز ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئاساسىي جەڭ مەيدانىغا يۈزلىنىپ، ئورگاندا خىزمەت قىلىدىغان، ئەمما ئەمەلىي كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش ئىرادىسى بار بىر تۈركۈم كادىرلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي گەۋدىلەرنى قۇرۇشىغا، بىر تۈركۈم كەسپىي تېخنىك خادىملارنىڭ باشلامچىلىق قىلىپ پەن - تېخنىكا تىپىدىكى كارخانىلارنى قۇرۇشىغا مەدەت بېرىشىمىز كېرەك. پەن تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ كارخانىلىشىش يولىغا مېڭىشى ئىسلاھاتنىڭ چوڭ يۈزلىنىشى ھېسابلىنىدۇ، بۇنى چوقۇم قويۇۋېتىش كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر قولىدىن ھەقىقىي ئىش كېلىدىغان كارخانىچىلار، پەن - تېخنىكا خادىملىرىنى قوغداش ئېڭىغا ئىگە بولۇپ، ئۇلاردا ساقلانغان مەسىلىلەرنى ياخشى نىيەت بىلەن كۆرسىتىپ بېرىشى، ئۇلارنى دائىم ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇشى كېرەك. ئىشلاردا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدىغانلارنى، جۈملىدىن بۇنداق ياكى ئۇنداق كەمچىلىكى بولسىمۇ، ئەمما كۈچلۈك كەسىپچانلىق، مەسئۇلىيەتچانلىققا، چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش شىجائىتى، جاسارىتىگە ۋە ئىقتىدارىغا ئىگە كىشىلەر، خىزمەتتە ۋەزىيەت يارىتالايدىغان، جەمئىيەتكە ۋە خەلق ئاممىسىغا بەخت يارىتالايدىغان كىشىلەرگە ياخشى نەسىھەت قىلىشىمىز، ياخشى تەربىيىنى قوللاپ، ناچار ئىللەتلىرىنى تۈگىتىشىمىز، ئۇلارنى قوللاش ۋە قوغداشقا جۈرئەت قىلىشىمىز لازىم.

(3) تارماقلار، ئورۇنلار ئومۇملۇق قارىشىنى كۈچەيتىشى كېرەك. غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئومۇملۇققا مۇناسىۋەتلىك ئىش، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنىڭ ئورتاق قاتنىشىشىغا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى بۇ دۆلەتنىڭ ئومۇملۇقى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتلىك. جايلار، تارماقلار، ئورۇنلار غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتىن ئىبارەت بۇ چوڭ كىلىماتقا ئۇيغۇنلىشىپ، كەڭ كۆلەمدە ئېچىشقا دائىر تۈرلۈك خىزمەتلەرگە پائال كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە ئۇنى قوللىشى كېرەك. بۇ مەسىلىدە ھەرقانداق بىر تارماق ياكى ئورۇن ئۆزىنى چەتكە تارتسا بولمايدۇ. ئومۇمەن غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا قوللاشقا تېگىشلىك تەرەپلەرنى مەيلى مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرى بولسۇن ياكى يەرلىك ئورۇنلار، بىڭتۈەن ئورۇنلىرى بولسۇن، مەيلى ئۇنىۋېرسال تارماقلار، كەسپىي تارماقلار بولسۇن ياكى كونكرېت ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرى بولسۇن ھەممىسى باش تارتماي قوللىشى، ئەلالىرىنى، كۈچلۈكلىرىنى قوللاش، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ بىرقانچە پرىنسىپنى گەۋدىلەندۈرۈشى كېرەك. «ئومۇمىيخور» نى چوقۇم ياخشى ئېيتىش كېرەك، «ھەركىمنىڭ ئۆز ئالدىغا بۇيرۇق چىقىرىشى»، ھەر كىمنىڭ ئۆز سەنىمىگە دەسسىشىگە ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ. جايلار، تارماقلار، ئورۇنلار غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى باش نىشان قىلىپ، ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئادا قىلىپ، تېگىشلىك تۆھپە قوشۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش يۈرۈشىنى چىڭ تۇتۇش، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ياخشى كەيپىياتى ۋە مۇھىتىنى شەكىللەندۈرۈشى كېرەك.

(4) ئاممىغا، ئەمەلىيەتكە ھۆرمەت قىلىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ئاساسىي قاتلام ئۈچۈن، ئامما ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدىيىسىنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئاساسىي قاتلام، ئاممىنى غەم - ئەندىشىدىن خالاس قىلىشى كېرەك. بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىپ، رەھبەرلىك ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، قىممىتى بار بازار ئۇچۇرىنى توپلاش ۋە ئىگىلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئاساسىي قاتلام ۋە ئاممىنىڭ بازارنى چۆرىدەپ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسىنى مۇۋاپىق تەڭشىشىگە ياردەم بېرىش كېرەك. ئۈلگە ئارقىلىق يېتەكلەشنى نۇقتىلىق ياخشى تۇتۇپ، ئۈلگە كۆرسىتىش، مۇلازىمەت قىلىش بازىسىنى ياخشى باشقۇرۇش، تىپلارنى يېتىلدۈرۈش ئارقىلىق كەڭ ئاممىنى ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى ۋە تۇرمۇش سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشكە يېتەكلەش كېرەك. ئەمەلىيەتتىن ھەقىقەت چىقىدۇ. ھازىر ھەر بىر ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ھەر بىر ناھىيە، بىڭتۈەننىڭ شى، ئىدارىلىرى ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە ئىقتىسادىي ۋە كوزىر مەھسۇلاتىنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇۋاتىدۇ، جايلارنىڭ ئۆزگىچە ئارتۇقچىلىقى بار. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى ئاممىغا، ئەمەلىيەتكە ھۆرمەت قىلىپ، ياخشى

# ئومۇمىي ئەھۋال. چوڭ ئىشلار

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

### تارىخى، مۇھىتى ۋە تەبىئىي بايلىقى

#### ئورنى ۋە كۆلىمى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ياۋروپا - ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 73°40′ — 96°23′، شىمالىي پاراللېل 34°25′ — 49°10′ ئارىلىقىدا. كۆلىمى 1 مىليون 600 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە تاغلىق كۆلىمى (ئېدىرلىق ۋە ئېگىزلىكلەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) تەخمىنەن 800 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر، تۈزلەڭلىك كۆلىمى (تارىم ئويمانلىقى، جۇڭغار ئويمانلىقى ۋە تاغ ئارىلىرىدىكى ئويمانلىقلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) تەخمىنەن 800 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر. ئېلىمىزدىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار ئىچىدە كۆلىمى ئەڭ چوڭ ئاپتونوم رايون.

شىنجاڭنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبى ئېلىمىزنىڭ گەنسۇ، چىڭخەي ئۆلكىلىرى ۋە شىزاڭ ئاپتونوم رايونى بىلەن قوشنا، شەرقىي شىمالىدىن غەربىي جەنۇبىغىچە موڭغۇلىيە، روسىيە فېدېراتسىيىسى، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، ئافغانىستان، پاكىستان، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن چېگرىلىنىدۇ. دۆلەت چېگرىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5000 كىلومېتىردىن ئارتۇق. بۇ مەملىكىتىمىز بويىچە ئومۇمىي قۇرۇقلۇق دۆلەت چېگرىسىنىڭ تەخمىنەن تۆتتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. شىنجاڭ مەملىكىتىمىزدىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار ئىچىدە دۆلەت چېگرىسى ئەڭ ئۇزۇن ئاپتونوم رايون.

#### تەرەققىيات جەريانى ۋە رايونلارغا ئايرىلىشى

شىنجاڭ ئېلىمىزنىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا «غەربىي يۇرت» دەپ ئاتالغان، بۇنىڭ مەنىسى غەربىي قىسمىدىكى چېگرا رايون دېگەنلىكتۇر. خەن سۇلالىسىدىن ئىلگىرىلا غەربىي يۇرت بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى رايونلار ئوتتۇرىسىدا سودا - ساياھەت ئالاقىسى بولغان. خەن سۇلالىسى خانى ۋۇدى جەنيۈەن 3 - يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 138 - يىلى) جياڭ چيەننى غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن، جاڭ چيەن 13 يىلدىن كېيىن غەربىي يۇرتتىن قايتقان، شۇندىن كېيىن غەربىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەر بىلەن

---

تىپلارنى ۋاقتىدا بايقاپ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ ۋە كېڭەيتىپ، ئۇنى تېخىمۇ كەڭ دائىرە ۋە تېخىمۇ يۇقىرى قاتلامغا يېتەكلەپ، يورۇقلۇقنى نۇقتىدىن لىنىيىگە، لىنىيىدىن دائىرىگە كېڭەيتىپ، ئىقتىسادنىڭ يېڭى يۈكسىلىش نۇقتىسىغا ئايلاندۇرۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىمىزنى تولۇپ - تاشقان ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت.

غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش غەربىي رايونغا بەخت كەلتۈرۈش، جۇڭخۇانى گۈللەندۈرۈشتىكى ئۇلۇغۋار ئىش، ھەر مىللەت خەلقى ئۇنىڭدىن سەمىمىي ئۈمىد كۈتمەكتە. گەرچە بۇ ئۇزاق مۇددەتلىك، جاپالىق ئىش بولسىمۇ، ئالدىمىزدا نۇرغۇن قىيىنچىلىق بولسىمۇ، لېكىن ئىشىنىمىزكى، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ۋە ھەر مىللەت ئاممىسى ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بولۇپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلىيەلەيدىغانلا بولسا، شىنجاڭ چوقۇم گۈللەپ ياشنايدۇ، كەلگۈسى چوقۇم باياشات، گۈزەل بولىدۇ.

(بۇ يولداش ۋاڭ لېچۈەننىڭ 2000 - يىل 4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئاپتونوم رايون بويىچە چاقىرىلغان غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان سۆزى، يىلنامىغا كىرگۈزۈش ۋاقتىدا ئاز - تولا قىسقارتىلدى)

مۇناسىۋەت ئورناتقان. تەيجۇ 4 - يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 101 - يىلى) خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا يالۋاچ چېرىكچى تۇرغۇزۇپ، كورلا ۋە بۈگۈر رايونلىرىدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەن. شېنجۆ 2 - يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 60 - يىلى) غەربىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇرلىدا (ھازىرقى بۈگۈر ناھىيىسى تەۋەسىدە) غەربىي يۇرت قوروقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب - شىمالىدىكى بالقاش كۆلىنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ رايوننى باشقۇرغان. شۇنىڭ بىلەن تەڭ غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى جايلارغا ئەمەلدار تەيىنلەپ ئەۋەتكەن. شۇندىن كېيىن، غەربىي يۇرت خەن سۇلالىسى تېررىتورىيىسىگە رەسمىي كىرگەن. شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرت قوروقچىبەگ مەھكىمىسى باشقۇرغان بەگلىكلەر 50 كە يەتكەن.

ۋېي، جىن سۇلالىلىرىدىن سۈي سۇلالىسىگىچە بولغان سۇلالىلەرنىڭ ھەممىسى غەربىي يۇرتتا مەمۇرىي باشقۇرۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ كەلگەن. 16 پادىشاھلىق دەۋرىدىكى ئالدىنقى لياڭ پادىشاھلىقى بۈگۈنكى تۇرپان رايونىدا قوچۇ ئايمىقىنى تەسىس قىلغان، بۇ شىنجاڭدا ۋىلايەت، ناھىيە تەسىس قىلىشنىڭ باشلىنىشى بولغان. سۈي سۇلالىسى پىشامشان، چالمادان ۋە ئىۋىرغول ئايماقلىرىنى تەسىس قىلغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى باشقۇرۇش دائىرىسى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكىدىن ئېشىپ ئوتتۇرا ئاسىياغىچە يەتكەن ھەمدە جايلاردا ھەرخىل باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى يولغا قويغان. غەربىي يۇرتنىڭ شەرقىدە ئىۋىرغول، قوچۇ ۋە بېشبالىق ئايماقلىرىنى تەسىس قىلغان، بۇ 3 ئايماق قارمىقىدا 12 ناھىيە بولغان، باشقا جايلاردا قوروقچىبەگ مەھكىمىسى ۋە تۇتۇقبەگ مەھكىمىسى تۈزۈمى يولغا قويۇلغان.

تاڭ سۇلالىسىدىن كېيىن غەربىي يۇرتتا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 3 قېتىم چوڭراق يەرلىك كۈچ يەنى قاراخانىيلار خانلىقى، ئۇلۇغ ئاغىلىق ئودۇن خانلىقى ۋە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدىن ئىبارەت 3 يەرلىك كۈچ پەيدا بولغان. بۇ يەرلىك كۈچلەر ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى 5 سۇلالە ۋە سۇڭ، لياۋ سۇلالىلىرىنىڭ مەركىزىي ھاكىمىيىتىگە قارىغان.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتا ۋاقىتلىق ۋازارەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ سەمەرقەنتتە ئامۇ دەريا ۋاقىتلىق قارا دىۋان ۋازارىتى تەسىس قىلىنغان، بۇ ماۋرائۇننەھردىكى رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان؛ بۈگۈنكى قورغاس رايونىدا ئالمالىق ۋاقىتلىق قارا دىۋان ۋازارىتى تەسىس قىلىنغان، بۇ ئىلىدىن بالقاش كۆلىنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبىغىچە بولغان رايونلارنى باشقۇرغان. بۈگۈنكى جىمسارىدا بېشبالىق ۋاقىتلىق قارا دىۋان ۋازارىتى تەسىس قىلىنغان، بۇ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى رايونلارنى باشقۇرغان. كېيىن يەنە بېشبالىق ۋاقىتلىق ۋازارىتى قارمىقىدا بېشبالىق، قوچۇ، ئودۇندىن ئىبارەت 3 ئايغاقچى مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىپ، شىمالىي ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ ھەمدە خوتەن رايونىنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلىرى ئىدارە قىلىنغان.

شىنجاڭ رايونى مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە «بېشبالىق» دەپ ئاتالغان، كېيىن «ئىلبالىق» قا ئۆزگەرتىلگەن. چاغاتاي ئەۋلادلىرى غەربىي يۇرتتا دائىم ئىچكى پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى مىڭ سۇلالىسىگە ئىتائەت قىلغان. غەربىي يۇرتنىڭ شەرقىي قىسمىنى مىڭ سۇلالىسى بىر تۇتاش باشقۇرۇپ، يۇڭلې 4 - يىلى (1406 - يىلى) قۇمۇل لەشكەرگاھىنى قۇرغان.

چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، چيەنلۇڭنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە غەربىي يۇرت «شىنجاڭ» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. بۇ «قايتۇرۇۋېلىنغان قەدىمكى زېمىن» دېگەن مەنىدە. ئېرتىش دەرياسىنىڭ شەرقى ۋە شىمالى قوبدۇ مەسلىھەتچى ئامبىلىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن؛ ئېرتىش دەرياسىنىڭ جەنۇبى ۋە غەربى ھەمدە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى رايونلارنىڭ ھەممىسى ئىلى جياڭجۈنىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. قۇمۇلدىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان جايلار گەنسۇ پەرمانبەردارىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. گۇاڭشۈ 10 - يىلى (1884 - يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىسى رەسمىي قۇرۇلدى، ئۈرۈمچى ئۆلكە مەركىزى بولدى. گۇاڭشۈ 32 - يىلى (1906 - يىلى) ئالتاي ۋىلايىتى قوبدۇ مەسلىھەتچى ئامبىلىنىڭ باشقۇرۇشىدىن مەركەزگە بىۋاسىتە قارايدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. مىنگونىڭ 8 - يىلى (1919 - يىلى) بۇ رايون شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ئالتاي ۋىلايىتى تەسىس قىلىندى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە پائال يولغا قويۇلدى. 1955 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلدى. 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايوندىكى بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر 3 (بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت دەرىجىلىك شەھەر 2)، ۋىلايەت 8، ئاپتونوم ئوبلاست 5، ۋىلايەتكە قاراشلىق شەھەر 9، ئوبلاستقا قاراشلىق شەھەر 7، ناھىيە 62، ئاپتونوم ناھىيە 6، شەھەرگە قاراشلىق رايون 11.

شىن جيەن

## نوپۇس ۋە مىللەتلىرى

ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ ئاپتونوم رايون نوپۇسىنىڭ 1999 - يىللىق ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى ئارىلاپ

تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايوننىڭ نوپۇسى 17 مىليون 750 مىڭغا يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 276 مىڭ 500 ى، يەنى %1.6 كۆپەيگەن. ئومۇمىي نوپۇستا، ئەرلەر 9 مىليون 109 مىڭ 761 بولۇپ، %51.32 نى، ئاياللار 8 مىليون 640 مىڭ 239 بولۇپ، %48.68 نى ئىگىلەيدۇ؛ يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 11 مىليون 496 مىڭ 700 بولۇپ، %64.77 نى، غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 6 مىليون 253 مىڭ 300 بولۇپ، %35.23 نى ئىگىلەيدۇ؛ شەھەر، بازار نوپۇسى 9 مىليون 286 مىڭ 800 بولۇپ، %52.32نى، يېزا نوپۇسى 8 مىليون 463 مىڭ 200 بولۇپ، %47.68 نى ئىگىلەيدۇ. ئاپتونوم رايون بويىچە 1999 - يىلى نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰18.76، ئۆلۈش نىسبىتى ‰6.96، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰11.80 بولدى.

شىنجاڭ كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون، نۇرغۇن قەدىمكى مىللەتلەر بۇ يەردە كۆپىيىپ، تىرىكچىلىك قىلىپ، بۇ يەرنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرغان. ئۇزاق ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەريانىدا مىللەتلەر ئۆز ئارا قوشۇلۇپ تەدرىجىي ھالدا ھازىرقى زامان مىللىتىگە ئايلانغان. ئازادلىققا قەدەر بۇ يەردە ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، خۇيزۇ، قىرغىز، موڭغۇل، شىبە، تاجىك، مانجۇ، ئۆزبېك، رۇس، داغۇر، تاتاردىن ئىبارەت 13 مىللەت بار ئىدى. ھازىر شىنجاڭدا 40 تىن ئارتۇق مىللەت بار. 1999 - يىلى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 10 مىليون 878 مىڭ 472 بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 146 مىڭ 88 نوپۇس، يەنى %1.36 كۆپەيدى، بۇ ئاپتونوم رايون ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ %61.29 نى ئىگىلەيدۇ.

خۇ شاۋيەن

## جۇغراپىيىلىك مۇھىتى

شىنجاڭ دېڭىز - ئوكيانلاردىن يىراق، 4 ئەتراپىنى ئېگىز تاغلار ئوراپ تۇرىدۇ، قاتمۇ قات مۇزلۇق چوققىلار، كۆز يەتكۈسىز قۇملۇقلار، بىپايان يايلاقلار، يۇلتۇزدەك تارقالغان بوستانلىقلار بار، تەبىئىي بايلىقى مول. 3 تاغ، 2 ئويمانلىقنى ئوراپ تۇرىدۇ.

تاغ تىزمىلىرى    شىمالدىكى ئالتاي تاغ تىزمىسى ئېرتىش دەرياسىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، شىنجاڭ تەۋەسىدىكى قىسمى جەنۇبىي قاپتالغا كىرىدۇ، ئۇ غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا سوزۇلۇپ ياتىدۇ. بۇ تاغ تىزمىسىدا ئاساسەن ئالتاي شەھىرى ۋە چىڭگىل ناھىيىسى تەۋەسىدىكى ئالتاي تېغى، گۇچۇڭ ناھىيىسى، مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى بەيتىك تېغى ۋە چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئارمانتى تېغى بار، ئەڭ ئېگىز چوققا «دوستلۇق» چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 4374 مېتىر كېلىدۇ. ئۇ جۇڭگو، روسىيە، موڭغۇلىيىدىن ئىبارەت 3 دۆلەتنىڭ چېگرىسىغا جايلاشقان؛ غەربىي شىمال قىسمى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىدىكى تاغلىق يەر بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2000 مېتىردىن 3000 مېتىرغىچە كېلىدىغان نۇرغۇن پەس تاغلاردىن تەركىب تاپقان، شىمال تەرىپىدە تارباغاتاي تېغى، شەرق تەرىپىدە ساۋۇر تېغى، جەنۇب تەرىپىدە ئۇرىكساي تېغى، سېمىست تېغى، بارلۇق تېغى، مايلى تېغى قاتارلىق تاغلار بار، ئەڭ ئېگىز چوققا — ساۋۇر تېغىدىكى مۇزتاغ چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 3806 مېتىر ئېگىز. شىنجاڭنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن تەڭرىتاغ تىزمىسى جۇڭغار ئويمانلىقى بىلەن تارىم ئويمانلىقىنى ئايرىپ تۇرىدۇ، ئۇ غەربتىن شەرققە سوزۇلغان 3 تاغ تىزمىسىغا ئايرىلىدۇ: شىمالىي تاغ تىزمىسىدا ئالاتاۋ تېغى (ئارشاڭ ناھىيىسى، بورتالا شەھىرىنىڭ شىمالىي قىسمى)، كۆگىرچىن تېغى (جىڭ ناھىيىسىنىڭ جەنۇبى، نىلقا ناھىيىسىنىڭ شىمالى)، بولخىنۇر تېغى (جىڭ ناھىيىسىدىن شىخو ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىغىچە)، ئېرەنقابىرغا تېغى (كۈيتۇڭ شەھىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ جەنۇبىغىچە)، بوغدا تېغى (ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەرقى، فۇكاڭ شەھىرىنىڭ جەنۇبى، داخېيەن پويىز ئىستانسىسىنىڭ شىمالى) قاتارلىقلار بار؛ ئوتتۇرا تاغ تىزمىسىدا ئالاقار تېغى (چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ جەنۇبى، موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا)، نارات تېغى (كۈنەس ناھىيىسى بىلەن خېجىڭ ناھىيىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا)، ئېرۋىنگىن تېغى (خېجىڭ ناھىيىسى تەۋەسىدە) قاتارلىقلار بار؛ جەنۇبىي تاغ تىزمىسىدا كۆكقار تېغى (تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي تىزمىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، غەربىي تەرەپتىكى دۆلەت چېگرىسىدا)، خالىق تېغى (موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى بىلەن باي ناھىيىسى ئوتتۇرىسىدا)، تېرىسكەي تېغى (تېكەس ناھىيىسى بىلەن باي ناھىيىسى ئوتتۇرىسىدا)، كۆكتېكە تېغى (خېجىڭ ناھىيىسى بىلەن بۈگۈر ناھىيىسى ئوتتۇرىسىدا)، خورۇ تېغى (خېجىڭ ناھىيىسى بىلەن بۈگۈر ناھىيىسى ئوتتۇرىسىدا) قاتارلىقلار بار. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5000 مېتىردىن ئاشىدىغان چوققىلاردىن تۆمۈر چوققىسى (7435 مېتىر)، خانتەڭرى چوققىسى (6995 مېتىر)، بوغدا چوققىسى (5445 مېتىر) بار. جەنۇب تەرەپتىكى كۇئېنلۇن تاغ سىستېمىسى غەربتىن شەرققە سوزۇلغان بولۇپ، جۇڭگو چېگرىسى ئىچىدىكى پامىر ئېگىزلىكى، شىنجاڭ بىلەن كەشمىر ئوتتۇرىسىدىكى قاراقۇرۇم تاغلىرى ھەمدە ئاساسلىقى شىنجاڭ بىلەن شىزاڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۇئېنلۇن تاغ تىزمىسى (شەرقتە چىڭخەي چېگرىسى ئىچىگە سوزۇلغان) نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، شىمالىي

تارمىقىدا ئالتۇن تاغ بولۇپ، شەرقىي شىمال تەرەپكە سوزۇلۇپ چىلىيەنشەن تېغىغا تۇتىشىدۇ. كۇئېنلۇن تاغ سىستېمىسىدا تاغ ئومۇرتقىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 5000 مېتىردىن ئاشىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 7500 مېتىردىن ئاشىدىغان چوققىلاردىن دۇنيا بويىچە 2 ـ ئېگىز چوققا دەپ ئاتالغان چوگىر چوققىسى (8611 مېتىر)، قوڭۇرتۆپە چوققىسى (7595 مېتىر)، مۇزتاغ چوققىسى (7546 مېتىر)، قوڭۇر چوققىسى (7519 مېتىر) بار.

**ئويمانلىقلىرى** شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ، شەرقتىن غەربكە 1700 كىلومېتىردىن كۆپرەك سوزۇلغان تەڭرىتاغ تىزمىسى شىنجاڭنى جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭدىن ئىبارەت 2 چوڭ قىسىمغا ئايرىپ تۇرىدۇ. تەڭرىتاغ تىزمىسى بىلەن ئالتاي تېغى، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى تاغلىق يەرلەرنىڭ ئارىسىغا جايلاشقان جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ كۆلىمى 180 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدۇ، ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قۇربان تۇڭغۇت قۇملۇقى ئېلىمىزدىكى 2 ـ چوڭ قۇملۇق ھېسابلىنىدۇ. ئاپتونوم رايوننىڭ مەركىزى ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن تارباغاتاي ۋىلايىتى، ئالتاي ۋىلايىتى، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى مەزكۇر ئويمانلىقنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقان. تەڭرىتاغ تىزمىسى بىلەن كۇئېنلۇن تاغ سىستېمىسى ئارىسىغا جايلاشقان تارىم ئويمانلىقىنىڭ كۆلىمى 400 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدۇ، ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تەكلىماكان قۇملۇقى (كۆلىمى 330 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر) ئېلىمىز بويىچە ئەڭ چوڭ قۇملۇق، دۇنيا بويىچىمۇ 2 ـ چوڭ كۆچمە قۇملۇق ھېسابلىنىدۇ. بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، ئاقسۇ ۋىلايىتى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى، قەشقەر ۋە خوتەن ۋىلايەتلىرى ئويمانلىقنىڭ ئەتراپىنى چۆرىدەپ جايلاشقان. تەڭرىتاغ تىزمىسىنىڭ شەرقىدە تۇرپان، قۇمۇل ئويمانلىقلىرى بار.

**مۇزلۇقلىرى** بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن قارلىق چوققىلار، سانجاق ـ سانجاق قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان مۇزلۇق چوققىلار شىنجاڭدا يېتىلگەن مۇزلۇقلارنى ھاسىل قىلغان. ئاپتونوم رايون بويىچە 18 مىڭ 600 دىن ئارتۇق چوڭ ـ كىچىك مۇزلۇق بار، بۇلارنىڭ كۆلىمى 24 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، مەملىكىتىمىزدىكى مۇزلۇق كۆلىمىنىڭ %42نى ئىگىلەيدۇ، مۇزلۇقلارنىڭ سۇ زاپىسى 2 تىرىللىئون 580 مىليارد كۇب مېتىردىن ئاشىدۇ؛ مۇزلۇقلاردىن ئېرىگەن سۇ شىنجاڭدىكى دەريا ـ ئېقىنلارنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارىنىڭ %21نى ئىگىلەيدۇ (تەخمىنەن 17 مىليارد كۇب مېتىر). بۇ مۇزلۇقلار شىنجاڭنى خېلى مۇقىم سۇ مەنبەسى بىلەن تەمىنلەپ كەلگەچكە، قەدىمدىن تارتىپ «قاتتىق سۇ ئامبىرى» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

**دەريا ـ ئېقىنلىرى** شىنجاڭ تەۋەسىدە 570 تىن ئارتۇق دەريا ـ ئېقىن بار (تاغ بۇلاقلىرى بۇنىڭ سىرتىدا). بۇنىڭ ئىچىدە سۇ يىغىلىش دائىرىسىنىڭ كۆلىمى 10 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدىغان ياكى ئۇزۇنلۇقى 500 كىلومېتىردىن ئاشىدىغان، يىللىق ئېقىم مىقدارى 1 مىليارد كۇب مېتىردىن ئارتۇق دەريا ـ ئېقىنلار: شىمالىي شىنجاڭدىكى ئېرتىش دەرياسى، ئۇلۇڭگۇر دەرياسى، ئىلى دەرياسى، تېكەس دەرياسى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قاراشەھەر دەرياسى، كۆنچى دەرياسى، ئۆگەن دەرياسى، ئاقسۇ دەرياسى، تارىم دەرياسى، قىزىل دەرياسى، يەكەن دەرياسى، قاراقاش دەرياسى، يۇرۇڭقاش دەرياسى، چەرچەن دەرياسى.

**كۆللىرى** ئاپتونوم رايوندا كۆلىمى بىر كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدىغان 139 تەبىئىي كۆل بار، بۇ كۆللەرنىڭ سۇ كۆلىمى تەخمىنەن 5500 كۋادرات كىلومېتىرغا يېتىدۇ. ئاساسلىق كۆللەردىن باغراش كۆلى، ئۇلۇڭگۇر كۆلى، سايرام كۆلى، ئېبىنۇر كۆلى، ئاياغقۇم كۆلى ھەمدە ئايدىڭكۆل بار؛ مەشھۇر لوپنۇر كۆلى قۇرۇپ كەتتى. تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئايدىڭكۆل دېڭىز يۈزىدىن 154 مېتىر تۆۋەن بولۇپ، ئېلىمىز قۇرۇقلۇقىدىكى ئەڭ تۆۋەن جاي ھېسابلىنىدۇ. بايىنغولىن ئوبلاستىدىكى باغراش كۆلىنىڭ سۇ كۆلىمى 980.4 كۋادرات كىلومېتىر، ئۇ، ئېلىمىزدىكى ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق تاتلىق سۇ كۆلى ھېسابلىنىدۇ.

**ھاۋا كىلىماتى** شىنجاڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى مۆتىدىل ئىقلىمغا تەۋە بولۇپ، قىش پەسلى ئۇزۇن ھەم قاتتىق سوغۇق بولىدۇ، ياز پەسلى قىسقا، قاتتىق ئىسسىق بولىدۇ، ئەتىياز، كۈز پەسىللىرىدىكى كىلىمات ئۆزگىرىشى چوڭ بولىدۇ. شىنجاڭدا خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىدىكى موخې ناھىيىسىدىن قالسىلا مەملىكەت بويىچە 2 ـ سوغۇق قۇتۇپ — كۆكتوقاي (-51.5°C) بار، مەملىكەت بويىچە ئەڭ ئىسسىق جايمۇ شىنجاڭدىكى تۇرپان (47.7°C). تەڭرىتاغ شىنجاڭنى جەنۇب، شىمال دەپ ئىككىگە بۆلۈپ تۇرغاچقا، جەنۇب بىلەن شىمالنىڭ تېمپېراتۇرىسىمۇ كۆپ پەرقلىنىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا جەنۇبىي شىنجاڭدا 10°C، شىمالىي شىنجاڭدىكى جۇڭغار ئويمانلىقىدا 5°C — 7.5°C، ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىدە 2.5°C — 5°C بولىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ 1 ـ ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى ئاپتونوم رايوننىڭكىدىن 10°C — 12°C يۇقىرى بولىدۇ؛ 7 ـ ئايدا 2°C — 3°C يۇقىرى بولىدۇ.

تاغلىق رايونلار بىلەن ئويمانلىقلارنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك بولىدۇ. شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بىر يىل ئىچىدىكى ئەڭ ئىسسىق ئاي بىلەن ئەڭ سوغۇق ئاينىڭ ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا پەرقى كۆپىنچە 30℃ تىن ئاشىدۇ، جۇڭغار ئويمانلىقىدا 35℃ — 40℃ قىچە چىقىدۇ، ئەمما تېمپېراتۇرىنىڭ كۈندىلىك سېلىشتۇرما پەرقى 12℃ — 15℃ بولىدۇ، پەرق ئەڭ چوڭ بولغاندا 20℃ — 30℃ بولىدۇ. شىنجاڭ قۇرغاق رايون بولۇپ، ھۆل - يېغىن مىقدارى ئازراق، تارقىلىشىمۇ تەكشى ئەمەس. شىمالىي شىنجاڭدا يېغىن مىقدارى 150 — 200 مىللىمېتىردىن ئاشىدۇ، جەنۇبىي شىنجاڭدا 100 مىللىمېتىرغىمۇ يەتمەيدۇ، توقسۇن ناھىيىسىدە يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 10 مىللىمېتىرغا يەتمەيدۇ؛ غەربتىكى ئىلى ۋىلايىتىدىكى ھۆل - يېغىن مىقدارى شەرقتىكى قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ھۆل - يېغىن مىقدارىنىڭ 6 ھەسسىگە توغرا كېلىدۇ؛ تەڭرىتاغ تاغلىق رايونىدا، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى تاغلىق رايوندا ۋە ئالتاي تاغلىق رايونىدا ھۆل - يېغىن مىقدارى 500 مىللىمېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، شىمالىي جۇڭگو تۈزلەڭلىكىدىكى ھۆل - يېغىن مىقدارى بىلەن تەڭ كېلىدۇ. ئىلى ۋادىسىدىكى كۈنەس ئورمانچىلىق مەيدانىدا يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 840 مىللىمېتىرغا يېتىدۇ، بۇ ئېلىمىزنىڭ خۇەيخې ۋادىسىدىكى بىلەن تەڭ.

شىنجاڭدا قىش پەسلىدە قار كۆپ ياغىدۇ، شىمالىي شىنجاڭدىكى تۈزلەڭلىكلەردە قىش پەسلىدە قارنىڭ قېلىنلىقى ئادەتتە 20 — 30 سانتىمېتىرغا يېتىدۇ، ئەڭ قېلىن بولغاندا 80 سانتىمېتىردىن ئاشىدۇ، جەنۇبىي شىنجاڭدا 10 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ، ئەڭ قېلىن بولغاندا 20 سانتىمېتىرغا يېتىدۇ، تاغلىق رايونلاردا تۈزلەڭلىكلەردىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ قېلىن بولىدۇ. قىروسىز مەزگىل جەنۇبىي شىنجاڭدا 180 كۈندىن 220 كۈنگىچە، شىمالىي شىنجاڭدا 140 كۈندىن 185 كۈنگىچە بولىدۇ.

شىنجاڭدا ئاپەت خاراكتېرلىك ھاۋارايىنىڭ خىلى كۆپ، دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ قۇرغاقچىلىق، سوغۇق ئېقىم، بوران، ئۆششۈك، قىرو ئۆششۈكى، مۆلدۈر، قارا يامغۇر كەلكۈنى خەلق ئىگىلىكىگە ئېغىر تەسىر يەتكۈزىدۇ.

## تەبىئىي بايلىقى

شىنجاڭنىڭ زېمىنى كەڭ، تەبىئىي بايلىقى مول، ئۇ ئېلىمىزنىڭ ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان گۆھەر زېمىنى.

**يەر بايلىقى** تۇپراقنى 2 - قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە، ئاپتونوم رايوننىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى تەخمىنەن 1 مىليون 663 مىڭ 100 كۋادرات كىلومېتىر ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. ئومۇمىي يەر كۆلىمى ئىچىدە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىقتا باب كېلىدىغان يەر كۆلىمى 71 مىليون 470 مىڭ گېكتار بولۇپ، %41.19نى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئۆزلەشتۈرۈشكە بولىدىغان يەر 7 مىليون 330 مىڭ گېكتار، تېرىلىۋاتقىنى 4 مىليون 125 مىڭ گېكتار؛ پايدىلىنىشقا بولىدىغان تەبىئىي ئوتلاق تەخمىنەن 48 مىليون گېكتار؛ سۈنئىي بەرپا قىلىنغان ئورماننىڭ ساقلىنىپ قالغان كۆلىمى 700 مىڭ گېكتار، ياغاچ زاپىسى تەخمىنەن 276 مىليون كۇب مېتىر.

**سۇ ۋە ئېنېرگىيە بايلىقى** شىنجاڭ تاغلىرىدا مۇزلۇقلار يېتىلگەن، دەريا - ئېقىنلار گىرەلىشىپ كەتكەن، تاغ بۇلاقلىرى، كۆللەر ھەممە يەرگە تارقالغان، سۇ بايلىقى تۇراقلىق، تېرىقچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە. سۇغىرىلىدىغان يەر كۆلىمى تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ %80 تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. ئاپتونوم رايون بويىچە يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 88 مىليارد 400 مىليون كۇب مېتىرغا، پايدىلىنىشقا بولىدىغان يەر ئاستى سۈيىنىڭ مىقدارى 25 مىليارد 200 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ؛ سۇ ئېنېرگىيە بايلىقىنىڭ نەزەرىيىۋى زاپىسى 33 مىليون 500 مىڭ كىلوۋات، بۇنىڭ ئىچىدە پايدىلىنىشقا بولىدىغان گېنېراتور سىغىمى 17 مىليون 960 مىڭ كىلوۋات، بۇنىڭدىن يىلىغا 84 مىليارد 500 مىليون كىلوۋات سائەت توك ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. شىنجاڭنىڭ كۆمۈر، نېفىت، تەبىئىي گاز زاپىسى مول، شىنجاڭ پۈتۈن مەملىكەت بويىچە كۈن نۇرى ئەڭ كۆپ چۈشىدىغان ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ بىرى، ئۇنىڭ قۇياش ئېنېرگىيىسى، يەر ئىسسىقلىقى، شامال ئېنېرگىيىسى قاتارلىق بايلىق مەنبەلىرى مول. ئاپتونوم رايون بويىچە كۈن نۇرىنىڭ يىللىق چۈشۈش ۋاقتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2600 سائەتتىن 3400 سائەتكىچە يېتىدۇ، قۇياش ئېنېرگىيىسىنىڭ يىللىق رادىئاتسىيە مىقدارى ھەر كۋادرات مېتىرغا 5000 مېگا جوئۇلدىن 6490 مېگا جوئۇلغىچە توغرا كېلىدۇ. ئادەتتىكى رايونلاردا يىغىندى تېمپېراتۇرا 3000℃ تىن 4000℃ قىچە بولۇپ، بۇ ≥10℃ يىغىندى تېمپېراتۇرىسىغا تەڭ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ 4000℃ تىن يۇقىرى، تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ 4500℃ تىن 5390℃ قىچە، شىمالىي شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىن شىمالىغىچە 3600℃ تىن 2500℃ قىچە بولىدۇ. تاغ ئېغىزلىرىدا شامال ئېنېرگىيىسى بايلىقى ئەڭ مول، يىللىق ئوتتۇرىچە ئۈنۈملۈك شامال ئېنېرگىيىسى 10 مىڭ 800 مېگا جوئۇل/كۋادرات مېتىر.

**ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈك بايلىقى** شىنجاڭدا نەسىللىك كالا، قوي، ئات، تۆگە قاتارلىق ئۆي ھايۋانلىرىدىن باشقا يەنە 699 خىل ياۋايى ھايۋان بار. بۇنىڭ ئىچىدە بېلىق 85 خىل،

سۇ ۋە قۇرۇقلۇقتا ياشايدىغان هايۋان 7 خىل، ئۆمىلىگۈچى هايۋانلار 45 خىل، قۇشلار 425 خىل، يىرتقۇچ هايۋانلار (سۈت ئەمگۈچى هايۋانلار) 137 خىل. يەنە قاڭشارلىق بۆكەن، ياۋا تۆگە، قۇلان، 4 پەنجىلىك قۇرۇقلۇق تاشپاقىسى، قۇندۇز، يىلپىز، ئاق لەيلەك، قارا لەيلەك، ئاق يەلكىلىك بۈركۈت، ئاق قۇ قاتارلىقلار بار. قۇشلارنىڭ خىللىرى دۆلىتىمىزدىكى قۇش خىللىرىنىڭ 35.8% نى، سۈت ئەمگۈچى هايۋانلار خىللىرى دۆلىتىمىزدىكى سۈت ئەمگۈچى هايۋانلار خىللىرىنىڭ 33% نى، ئۆمىلىگۈچى هايۋانلارنىڭ خىللىرى دۆلىتىمىزدىكى ئۆمىلىگۈچى هايۋانلار خىللىرىنىڭ 14.2% نى ئىگىلەيدۇ. تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان ياۋا ئۆسۈملۈكلەر ئاز كەم 4000 خىلغا يېتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە لوپنۇر كەندىرى، كاۋچۇك ئوت، ھىلىڭ، سوغىگۈل، ئالقات، چۆچۈكبۇيا، قار لەيلىسى قاتارلىق ئىقتىسادىي ۋە دورىلىق قىممىتى بارلىرى 1000 خىلدىن ئاشىدۇ.

شىن جيەن

**قېزىلما بايلىقى** شىنجاڭدا قېزىلما بايلىق مول، تۈرلىرى تولۇق، 1998 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە مەملىكەت بويىچە 168 خىل قېزىلما بايلىقتىن 138 خىلىنىڭ شىنجاڭدا بارلىقى بايقالدى، بۇ مەملىكەت بويىچە بايقالغان قېزىلما بايلىق خىللىرىنىڭ 82.14% نى ئىگىلەيدۇ. مەملىكەت بويىچە 155 خىل كان زاپىسى ئېنىقلاندى (2 - خىلدىكىسى 211)، شىنجاڭدا 69 خىلى (2 - خىلدىكىسى 77) ئېنىقلاندى، 637 كان قېزىش رايونى (نېفىت، تەبىئىي گاز، ئۇران بۇنىڭ سىرتىدا). 2 - خىل بويىچە ھېسابلىغاندا، ئېنېرگىيە قېزىلما بايلىقى 4 خىل، قارا مېتال قېزىلما بايلىقى 5 خىل، رەڭلىك مېتال قېزىلما بايلىقى 9 خىل، قىممەتلىك مېتال قېزىلما بايلىقى 4 خىل، كەم ئۇچرايدىغان، تارقاق جايلاشقان، رادىئو ئاكتىپلىق ئېلېمېنت 11 خىل، مېتال تاۋلاشقا ياردەمچى خام ئەشيا قىلىنىدىغان غەيرىي مېتال قېزىلما بايلىقى 6 خىل، خىمىيە سانائىتىدە خام ئەشيا قىلىنىدىغان غەيرىي مېتال قېزىلما بايلىقى 12 خىل، بىناكارلىق ماتېرىيالى قىلىنىدىغان غەيرىي مېتال قېزىلما بايلىقى 26 خىل. دۆلەتنىڭ قېزىلما بايلىق زاپىسى جەدۋىلىگە كىرگۈزۈلگەن شىنجاڭنىڭ قېزىلما بايلىق زاپىسى ئىچىدە، بېرىللىي، ناترىيلىق سېلىترا، ئاق چىرىمتال، ۋېرمىكۇلىت، سېغىزدىن ئىبارەت 5 خىل قېزىلما بايلىق زاپىسى مەملىكەت بويىچە 1 - ئورۇندا تۇرىدۇ؛ نىكېل، خىرومىت، مېتال تاۋلاشتا ئىشلىتىلىدىغان ئۆيۈل كۋارتسى، تەبىئىي گۈڭگۈرت، دالا شپاتى، سېرپېنتىن، بېنتونىت، سېمونتقا ئىشلىتىلىدىغان مەرمەردىن ئىبارەت 8 خىل قېزىلما بايلىق زاپىسى 2 - ئورۇندا تۇرىدۇ؛ قۇيما تاشقا ئىشلىتىلىدىغان دىئاباز 3 - ئورۇندا تۇرىدۇ؛ نېفىت، تەبىئىي گاز، كۆمۈر، ماگنېزىت، ۋېتېرىت، كالىي تۇزى، ماگنىي تۇزى، تاشپاختا، سېمونت ياساشقا ئىشلىتىلىدىغان ھاك 4 - ئورۇندا تۇرىدۇ؛ سىزىي 5 - ئورۇندا تۇرىدۇ؛ بىسموت، پلاتىنا، لىتىي، ئەينەك ياساشقا ئىشلىتىلىدىغان كۋارتسى 6 - ئورۇندا تۇرىدۇ؛ ماي سىلانىپىتىد، كوبالت، سېمونتقا ئىشلىتىلىدىغان سېرىق توپا، مېرگېل 7 - ئورۇندا تۇرىدۇ؛ مىس، تېللۇر، بور، شور، سېمونتقا ئىشلىتىلىدىغان سىلانتىس 8 - ئورۇندا تۇرىدۇ؛ مانگان، تانتال 9 - ئورۇندا تۇرىدۇ؛ نىئوبىي، خىش - كاھىشقا ئىشلىتىلىدىغان سېغىز توپا 10 - ئورۇندا تۇرىدۇ؛ نېفىت، خروم، بىسموت، تانتال، بېرىللىي، سىزىي، ماگنېزىت، تەبىئىي گۈڭگۈرت، ناترىيلىق سېلىترا، ئاق چىرىمتال، دالا شپاتى، ۋېرمىكۇلىت، مېرگېل، ئەينەك ياساشقا ئىشلىتىلىدىغان قۇم، ئەينەك ياساشقا ئىشلىتىلىدىغان ئۆيۈل كۋارتسى، سېغىز، سېمونتقا ئىشلىتىلىدىغان سىلانتىس، بېنتونىت، قۇيما تاشقا ئىشلىتىلىدىغان دىئاباز، سېمونتقا ئىشلىتىلىدىغان گىلتاش، سېمونتقا ئىشلىتىلىدىغان مەرمەر، مېتال تاۋلاشقا ئىشلىتىلىدىغان ئۆيۈل كۋارتسىتىن ئىبارەت 22 خىل قېزىلما بايلىق غەربىي شىمال بويىچە 1 - ئورۇندا تۇرىدۇ. كۆمۈر، ماي سىلانىپىتىد، تەبىئىي گاز، تۆمۈر، مانگان، تىتان، ئاليۇمىن، نىكېل، پلاتىنا، نىئوبىي، لىتىي، گاللىي، شور، ۋېتېرىت، كالىي تۇزى، بور، تۇز، خىمىيىۋى ئوغۇتقا ئىشلىتىلىدىغان سېرپېنتىن، سېمونتقا ئىشلىتىلىدىغان قۇم، سېئولىتتىن ئىبارەت 20 خىل قېزىلما بايلىق غەربىي شىمال بويىچە 2 - ئورۇندا تۇرىدۇ.

«مەملىكەت بويىچە قېزىلما بايلىقلارنىڭ 1998 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ساقلانغان زاپىسىنىڭ يوشۇرۇن قىممەت جەھەتتە ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) لەرگە تارقىلىش جەدۋىلى» دىن قارىغاندا، شىنجاڭدىكى ئاساسلىق قېزىلما بايلىقنىڭ ساقلانغان زاپىسىنىڭ يوشۇرۇن قىممىتى 5 تىرىللىئون 157 مىليارد 200 مىليون يۈەن بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 6 - ئورۇندا تۇرىدۇ. شىنجاڭ ئېلىمىزدىكى قېزىلما بايلىقلار ئاساسلىق ئېچىپ پايدىلىنىدىغان چوڭ ئۆلكە - ئاپتونوم رايوندۇر. بۇنىڭ ئىچىدە نېفىت، تەبىئىي گاز، كۆمۈر، تۆمۈر، مىس، نىكېل، ئالتۇن، لىتىي، ناترىيلىق سېلىترا، كالىيلىق تۇز، تۇز، شور، تاشپاختا، ھاكتاش، ۋېرمىكۇلىت، بېنتونىت، گرانىت تاشلار بۇندىن كېيىن ئېچىپ پايدىلىنىدىغان ئاساسلىق كان تۈرلىرى ھېسابلىنىدۇ.

ۋاڭ دېخې

**ساياھەت ئورنى بايلىقى** شىنجاڭ مول تەبىئىي ساياھەت ئورنى بايلىقى ۋە گۇمانىتارلىق ساياھەت ئورنى بايلىقىغا ئىگە. ھەيۋەتلىك ئېگىز تاغلار، كۆز يەتكۈسىز

قۇملۇقلار، تاغلاردىكى گۈزەل كۆللەر، قەدىمكى «يىپەك يولى» دىكى مەشھۇر ئاسار ئەتىقىلەر، رەڭگارەڭ مىللىي ئۆرپ - ئادەتلەر ۋە مەدەنىيەت - سەنئەت نۇرغۇنلىغان جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلماقتا. شىنجاڭ تەۋەسىدە دۇنيا بويىچە 2 - ئورۇندا تۇرىدىغان ئېگىز چوققا چوگىر چوققىسى، دۇنيا بويىچە 2 - ئورۇندا تۇرىدىغان تۆۋەن جاي ئايدىڭكۆل، «ھالاكەت دېڭىزى» دەپ ئاتالغان، دۇنيا بويىچە 2 - چوڭ قۇملۇق تەكلىماكان قۇملۇقى، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرگە مەشھۇر ئىدىقۇت، يارغول، كىروران قاتارلىق قەدىمكى شەھەر خارابىلىرى، بوغدا كۆلى، بايىنبۇلاق ئاق قۇ كۆلى، قاناس كۆلى قاتارلىق ئېگىز تاغ كۆللىرى يەنە نۇرغۇنلىغان ئارشاڭ، ھورئارشاڭ، مۇزلۇق قاتارلىق ئاجايىپ تەبىئىي مەنزىرىلىك جايلار بار.

شىن جيەن

## خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندا پارتىيىنىڭ 15 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيانقى تۈرلۈك فاڭجېن، سىياسەتلەر ۋە ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشى ئەستايىدىل، ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتىن ئىبارەت تارىخىي پۇرسەت چىڭ تۇتۇلۇپ، دۆلەت سېلىنمىنى كۆپەيتىش، ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىش قاتارلىق تۈرلۈك سىياسەت تەدبىرلەر ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ سىجىل تەرەققىياتىغا كېپىللىك قىلىندى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 116 مىليارد 900 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %7.1 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ %2.7، 2 - كەسىپنىڭ %7.3، 3 - كەسىپنىڭ %10.9 ئاشتى.

يېزا ئىگىلىكى مۇقىم تەرەققىي قىلدى. جايلار، تارماقلار «دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش ۋە يېزىلارنى مۇقىملاشتۇرۇش» تىن ئىبارەت 2 چوڭ نىشاننى زىچ چۆرىدەپ، پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قاراتقان تۈپ سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قۇرۇلمىنى تەڭشەشنى چىڭ تۇتۇپ، ئالاھىدە دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرىپ، تۈرلۈك تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ زىيىنىنى تۈگىتىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتىن ئومۇمىيۈزلۈك مول ھوسۇل ئالدى. ئېلىنغان ئاشلىق 8 مىليون 350 مىڭ توننىغا يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %0.6 ئاشتى؛ پاختا 1 مىليون 350 مىڭ توننا بولۇپ، %3.6 تۆۋەنلىدى؛ ياغلىق دان 604 مىڭ 600 توننىغا يېتىپ، %61.1 ئاشتى؛ قىزىلچا 2 مىليون 542 مىڭ 400 توننا بولۇپ، %31 تۆۋەنلىدى؛ قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە 2 مىليون 799 مىڭ 100 توننىغا يېتىپ، %33.4 ئاشتى. چارۋىچىلىقتا ياخشى تەرەققىيات ۋەزىيىتى ساقلاپ قېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا 44 مىليون 365 مىڭ 400 تۇياققا يېتىپ، %4.9 ئاشتى. ئېلىنغان گۆش 810 مىڭ توننىغا يېتىپ، %8 ئاشتى، كالا سۈتى 648 مىڭ 200 توننىغا يېتىپ، %8.1 ئاشتى، قوي يۇڭى 65 توننىغا يېتىپ، %4.7 ئاشتى؛ تۇخۇم 166 مىڭ 800 توننىغا يېتىپ، %25 ئاشتى.

يېزا - بازار كارخانىلىرى مۇقىم راۋاجلاندى. بىر يىلدا يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 7 مىليارد 625 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %13.3 ئاشتى؛ تىجارەت كىرىمى 30 مىليارد 354 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %12 ئاشتى. يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان باج سوممىسى 1 مىليارد 241 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %26 ئاشتى، يارىتىلغان پايدا 1 مىليارد 905 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %11.7 ئاشتى.

سانائەت - قاتناش ئىشلەپچىقىرىشى مۇقىم ئاشتى، بىر يىلدا سانائەت قوشۇلما قىممىتى 31 مىليارد 800 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %6.5 ئاشتى. سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى: بىرىنچى، يېنىك سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئېشىشى ئېغىر سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىدىن تېز بولدى. يېنىك سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 6 مىليارد 100 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %9 ئاشتى؛ ئېغىر سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 25 مىليارد 700 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %5.9 ئاشتى. ئىككىنچى، دۆلەت ئىگىلىكى بىلەن باشقا ئىگىلىك تۈرلىرى مۇقىم ئاشتى، كوللېكتىپ سانائەتنىڭ ئېشىش سۈرئىتى تۆۋەنلىدى. دۆلەت كارخانىلىرى بىلەن دۆلەت پاي كارخانىلىرىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 25 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، بارلىق سانائەت قوشۇلما قىممىتىنىڭ %78.6 نى ئىگىلەپ، %6.2 ئاشتى؛ كوللېكتىپ سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 450 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %3.8 ئاشتى؛ باشقا ئىقتىساد تۈرىدىكى سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 7 مىليارد 230 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %8.6 ئاشتى. ئۈچىنچى، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى ئازراق ئېشىپ، %97.6 كە يېتىپ، 0.5 پىرسەنت پونكىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. تۆتىنچى، نېفىت، توقۇمىچىلىقتىن ئىبارەت 2 چوڭ تۈۋرۈك كەسىپنىڭ بازار ئەھۋالى ياخشىلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى قاتمال ھالەتتىن قۇتۇلدى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ بەزىلىرى ئاشتى، بەزىلىرى كېمەيدى. نېفىت 17 مىليون 393 مىڭ 100 توننىغا يېتىپ، %8.4 ئاشتى، كۆمۈر 27 مىليون 805 مىڭ 600 توننا بولۇپ، %5 تۆۋەنلىدى، تارقىتىلغان توك 16 مىليارد 707 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ،

%5.9 ئاشتى. چويۇن 984 مىڭ 300 توننا بولۇپ، %1.8 تۆۋەنلىدى، پولات 956 مىڭ 700 توننا بولۇپ، %11.1 تۆۋەنلىدى، پولات ماتېرىيال 1 مىليون 144 مىڭ 500 توننا بولۇپ، %1.5 تۆۋەنلىدى، سېمونت 8 مىليون 20 مىڭ توننىغا يېتىپ، %10 ئاشتى، ياغاچ ماتېرىيال 208 مىڭ 600 كۇب مېتىر بولۇپ، %31.2 تۆۋەنلىدى، يىپ 289 مىڭ توننىغا يېتىپ، %31.1 ئاشتى، رەخت 290 مىليون مېتىرغا يېتىپ، %6.5 ئاشتى، شېكەر 467 مىڭ 700 توننا بولۇپ، %1.7 تۆۋەنلىدى، ئىچىملىك هاراق 272 مىڭ 100 توننىغا يېتىپ، %0.4 ئاشتى، كونسېرۋا 185 مىڭ توننىغا يېتىپ، %39.8 ئاشتى. ئىقتىسادىي ئۈنۈم تەدرىجىي يۇقىرى ئۆرلەپ، زىيان كۆرۈلۈش ئەھۋالى بىراز ياخشىلاندى. سانائەت ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئۇنۋېرسال كۆرسەتكۈچى %74 بولۇپ، 11.5 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىدى. پايدا بىلەن زىيان بالانىس قىلىنغاندىن كېيىنكى ساپ زىيان 47 مىليون يۈەن بولۇپ، %90.6 تۆۋەنلىدى.

بىر يىلدا تۈرلۈك قاتناش قوراللىرى ئارقىلىق توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 60 مىليارد 94 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يېتىپ، %8.5 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈر يولدا توشۇلغىنى 30 مىليارد 360 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يېتىپ، %14.9 ئاشتى، تاشيولدا توشۇلغىنى 27 مىليارد 46 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يېتىپ، %2.9 ئاشتى، ئايروپىلاندا توشۇلغىنى 88 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يېتىپ، %20.5 ئاشتى، تۇرۇبىدا توشۇلغىنى 2 مىليارد 600 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يېتىپ، %0.4 ئاشتى. بىر يىلدا پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 3 مىليارد 470 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %38.5 ئاشتى. بىر يىلدا 285 مىڭ تېلېفون ئابونېنتى كۆپەيدى.

تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغنىڭ ئېشىشى ئاستا بولدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 55 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %5.8 ئاشتى، ئېشىش هەجمى 9.8 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك تۈرلەرگە سېلىنغان مەبلەغ 28 مىليارد 950 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %16 ئاشتى، مەركەزنىڭ تۈرلىرىگە سېلىنغان مەبلەغ 26 مىليارد 50 مىليون يۈەن بولۇپ، %3.7 تۆۋەنلىدى. ئىقتىسادىي تۈرلەر بويىچە ئايرىپ قارىغاندا، دۆلەت ئىلكىدىكى ئورۇنلار سالغان مەبلەغ 43 مىليارد 300 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %2.5 ئاشتى؛ كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى ئورۇنلار سالغان مەبلەغ 3 مىليارد 190 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %52.6 ئاشتى؛ شەھەر - يېزىلاردىكى شەخسلەر سالغان مەبلەغ 4 مىليارد 610 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %11.9 ئاشتى؛ باشقا ئىقتىسادىي ئورۇنلار سالغان مەبلەغ 3 مىليارد 900 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %11.4 ئاشتى. مەبلەغ سېلىش يولىدىن قارىغاندا، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 35 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، %5.4 ئاشتى؛ يېڭىلاش - ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ 6 مىليارد يۈەن بولۇپ، %21.2 تۆۋەنلىدى؛ ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغان مەبلەغ 2 مىليارد 200 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %47.7 ئاشتى. نۇقتىلىق تۈرلەرنىڭ قۇرۇلۇشى خېلى ئوڭۇشلۇق بولدى. بىر يىلدا پىلانغا كىرگۈزۈلگەن 25 نۇقتىلىق تۈرگە 19 مىليارد 830 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، يىللىق پىلاننىڭ %83.3 ى ئورۇندالدى. پىلانغا كىرگۈزۈلگەن ئومۇمىي جەھەتتىن ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلىدىغان 8 تۈردىن 6 سى ئورۇندالدى. پىلاندىكى يەككە تۈرلەر بويىچە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلىدىغان ۋە قىسمەن ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلىدىغان 8 تۈردىن 6 سى ئورۇندالدى.

ئىستېمال بازىرى سۇس بولدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 34 مىليارد 740 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %6.1 ئاشتى. باھا ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە، ئەمەلىيەتتە %10.3 ئاشتى. بازاردا مال باھاسى داۋاملىق تۆۋەنلىدى. 1999 - يىلى تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى 1998 - يىلدىكىدىن %3.8 تۆۋەنلىدى، ئاھالىلەرنىڭ ئىستېمال باھاسى %2.6 تۆۋەنلىدى، باھا سەۋىيىسى ئۇدا 14 ئاي مەنپىي ئاشتى، باھا 20 يىلدىن بۇيان ئەڭ تۆۋەن بولدى. باھانىڭ تۆۋەن بولۇشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب يېمەكلىك باھاسىنىڭ زور ھەجىمدە تۆۋەنلىگەنلىكىدىن ئىبارەت بولدى.

تاشقى سودا مىقدارى داۋاملىق خېلى تېز ئاشتى. بىر يىلدا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 1 مىليارد 765 مىليون دوللارغا يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %15.8 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 1 مىليارد 27 مىليون دوللارغا يېتىپ، %37.4 ئاشتى؛ ئىمپورت سوممىسى 738 مىليون دوللار بولۇپ، %5.1 تۆۋەنلىدى. ساياھەتچىلىكتە يېڭى تەرەققىياتلار قولغا كەلتۈرۈلدى. بىر يىلدا كۈتۈۋېلىنغان خەلقئارا ساياھەتچى 223 مىڭ 800 ئادەم (قېتىم) گە يېتىپ، %8.3 ئاشتى، ساياھەتچىلىكتىن قىلىنغان تاشقى پېرېۋوت كىرىمى 86 مىليون دوللارغا يېتىپ، %4.1 ئاشتى. '99 ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلدى.

مالىيە، پۇل مۇئامىلە ۋەزىيىتى ئاساسەن مۇقىم بولدى. مالىيە كىرىمى داۋاملىق ئاشتى، تولۇق ستاندارتلىق مالىيە كىرىمى 12 مىليارد 200 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %8 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك مالىيە كىرىمى 7 مىليارد 400 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %13 ئاشتى. مالىيە چىقىمى 16 مىليارد 800

مىليون يۈەنگە يېتىپ، %9 ئاشتى. يىل ئاخىرىدا پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىغا قويۇلغان تۈرلۈك ئامانەت پۇل 154 مىليارد 872 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلنىڭ بېشىدىكىدىن 20 مىليارد 233 مىليون يۈەن ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى ئامانىتى 82 مىليارد 468 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلنىڭ بېشىدىكىدىن 6 مىليارد 548 مىليون يۈەن ئاشتى. يىل ئاخىرىدا پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى تارقاتقان تۈرلۈك قەرز پۇل 138 مىليارد 678 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلنىڭ بېشىدىكىدىن 6 مىليارد 833 مىليون يۈەن ئاشتى.

شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇشى داۋاملىق ياخشىلاندى. بىر يىلدا ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 7453 يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %4.7 ئاشتى، باھا ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە، ئەمەلىيەتتە %7.5 ئاشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆزىگە تەئەللۇق كىرىمى 5428.91 يۈەنگە يېتىپ، %5.8 ئاشتى، باھا ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە، ئەمەلىيەتتە %8.3 ئاشتى. شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 4319.37 يۈەنگە يېتىپ، %12.2 ئاشتى، باھا ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە، ئەمەلىيەتتە %14.9 ئاشتى. ئاشلىق، پاختا، گۆش قاتارلىق ئاساسلىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى زور ھەجىمدە تۆۋەنلىگەچكە، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىرىمى بىرقەدەر زور تەسىرگە ئۇچرىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1500 يۈەن بولۇپ، %6.3 تۆۋەنلىدى، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرمۇش خىراجىتى چىقىمى 1283 يۈەن بولۇپ، %11.5 تۆۋەنلىدى.

ۋۇ جۇن

## ئاساسلىق ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەر ۋە شىنجاڭنىڭ مەملىكەت بويىچە تۇتقان ئورنى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ تۈرلۈك ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلىرىنىڭ مەملىكەت بويىچە تۇتقان ئورنى بەزىلىرىنىڭ ئۆرلىدى، بەزىلىرىنىڭ تۆۋەنلىدى. بىر يىلدا ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 116 مىليارد 900 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %7.1 ئېشىپ، مەملىكەت بويىچە 25 - ئورۇندا تۇرۇپ، 1998 - يىلدىكى بىلەن ئوخشاش سەۋىيىنى ساقلاپ قالدى، ئېشىش سۈرئىتى مەملىكەت بويىچە ئارقىدىن سانىغاندا 3 - ئورۇندا تۇرۇپ يۈننەن ئۆلكىسى بىلەن تەڭلەشتى.

يېزا ئىگىلىكى   بىر يىلدا دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 46 مىليارد 100 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %4.75 ئاشتى، مەھسۇلات مىقدارى جەھەتتە مەملىكەت بويىچە 19 - ئورۇندا تۇرۇپ، 1998 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەملىكەت بويىچە 17 - ئورۇندا، ئورمانچىلىق 25 - ئورۇندا، چارۋىچىلىق 23 - ئورۇندا، بېلىقچىلىق 23 - ئورۇندا تۇردى. ئاساسلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى ھوسۇلى جەھەتتە ئاشلىق 8 مىليون 350 مىڭ توننىغا يېتىپ، %0.6 ئېشىپ، مەملىكەت بويىچە 24 - ئورۇندا تۇردى. پاختا 1 مىليون 350 مىڭ توننا بولۇپ، %3.6 تۆۋەنلىدى، پاختىنىڭ ئومۇمىي ھوسۇلى، بىرلىك ھوسۇلى، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ھوسۇلى جەھەتتە يەنىلا مەملىكەت بويىچە 1 - ئورۇننى ساقلاپ قالدى. ياغلىق دان ھوسۇلى 604 مىڭ 600 توننىغا يېتىپ، %61.1 ئېشىپ، مەملىكەت بويىچە 11 - ئورۇندا تۇرۇپ، 5 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى.

سانائەت   ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت كارخانىلىرى ۋە مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان غەيرىي دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 63 مىليارد 525 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %6.07 ئېشىپ، ئومۇمىي مىقدار جەھەتتە مەملىكەت بويىچە 25 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت كارخانىلىرى ۋە دۆلەت پاي كارخانىلىرىنىڭ 55 مىليارد 658 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %5.35 ئېشىپ، مەملىكەت بويىچە 25 - ئورۇندا تۇردى. كوللېكتىپ سانائەتنىڭ 3 مىليارد 703 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %3.8 ئېشىپ، مەملىكەت بويىچە 27 - ئورۇندا تۇردى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىدىن يىپ 289 مىڭ توننىغا يېتىپ، %31.1 ئېشىپ، مەملىكەت بويىچە 7 - ئورۇندا تۇرۇپ، 1998 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. رەخت 29 مىڭ توننىغا يېتىپ، %6.5 ئېشىپ، مەملىكەت بويىچە 16 - ئورۇندا تۇرۇپ، 1998 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. بىرىكمە كىر يۇيۇش سۇيۇقلۇقى 12 مىڭ 400 توننىغا يېتىپ، %24 ئېشىپ، مەملىكەت بويىچە 26 - ئورۇندا تۇردى. تۇز 330 مىڭ 300 توننىغا يېتىپ، %43.6 ئېشىپ، مەملىكەت بويىچە 14 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى. شېكەر 467 مىڭ 700 توننا بولۇپ، %1.7 تۆۋەنلەپ، مەملىكەت بويىچە 4 - ئورۇندا تۇرۇپ، 1998 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. فابرىكا قەغىزى ۋە قەغەز پەنەركە 78 مىڭ 900 توننىغا يېتىپ، مەملىكەت بويىچە 24 - ئورۇندا تۇردى. پاپىروس 110 مىڭ يەشىك بولۇپ، %8.4 تۆۋەنلەپ، مەملىكەت بويىچە 27 - ئورۇندا تۇرۇپ، 1998 - يىلدىكى

بىلەن تەڭلەشتى. كونسېرۋا 185 مىڭ توننىغا يېتىپ، %39.8 ئېشىپ، مەملىكەت بويىچە 3 - ئورۇنغا ئۆتۈپ، 2 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى. ئاق ھاراق 77 مىڭ 500 توننىغا يېتىپ، %4.7 ئېشىپ، مەملىكەت بويىچە 17 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى. پىۋا 186 مىڭ 900 توننىغا يېتىپ، %8 ئېشىپ، مەملىكەت بويىچە 23 - ئورۇندا تۇرۇپ، 1998 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. كۆمۈر 27 مىليون 805 مىڭ 600 توننا بولۇپ، %5 تۆۋەنلەپ، مەملىكەت بويىچە 10 - ئورۇندا تۇرۇپ، 3 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى. نېفىت 17 مىليون 393 مىڭ 100 توننىغا يېتىپ، %8.4 ئېشىپ، مەملىكەت بويىچە 3 - ئورۇندا تۇرۇپ، 1998 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. چويۇن 984 مىڭ 300 توننا بولۇپ، %1.8 تۆۋەنلەپ، مەملىكەت بويىچە 25 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى. پولات 956 مىڭ 700 توننا بولۇپ، %11.1 تۆۋەنلەپ، مەملىكەت بويىچە 25 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى. پولات ماتېرىيال 1 مىليون 144 مىڭ 500 توننا بولۇپ، %1.5 تۆۋەنلەپ، مەملىكەت بويىچە 24 - ئورۇندا تۇرۇپ، 1998 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. سېمونت 8 مىليون 20 مىڭ توننىغا يېتىپ، %10 ئېشىپ، مەملىكەت بويىچە 21 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى. ياغاچ ماتېرىيال 208 مىڭ 600 كۇب مېتىر بولۇپ، %31.2 تۆۋەنلەپ، مەملىكەت بويىچە 15 - ئورۇندا تۇرۇپ، 3 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى. گۈڭگۈرت كىسلاتاسى 67 مىڭ 600 توننىغا يېتىپ، %4.3 ئېشىپ، مەملىكەت بويىچە 27 - ئورۇندا تۇرۇپ، 1998 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. ئويغۇچى ناترىي 41 مىڭ 400 توننىغا يېتىپ، %3.5 ئېشىپ، مەملىكەت بويىچە 25 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى. ساپ شۆلتا 30 مىڭ 300 توننىغا يېتىپ، %1 ئېشىپ، مەملىكەت بويىچە 18 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى. دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان خىمىيۋى ئوغۇت (ساپ ئوغۇتقا سۇندۇرۇلغان مىقدارى) 700 مىڭ 500 توننىغا يېتىپ، %34.5 ئېشىپ، مەملىكەت بويىچە 15 - ئورۇندا تۇرۇپ، 4 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى.

**قاتناش - ترانسپورت، پوچتا - تېلېگراف** بىر يىلدا ھەرخىل قاتناش ۋاسىتىلىرىنىڭ يۈك ئوبوروت مىقدارى 60 مىليارد 94 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يېتىپ، %8.5 ئېشىپ، مەملىكەت بويىچە يۈك ئوبوروت مىقدارىنىڭ %1.46 نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈريولدا توشۇلغىنى 30 مىليارد 360 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يېتىپ، %14.9 ئېشىپ، مەملىكەت بويىچە %2.36 نى ئىگىلىدى. تاشيولدا توشۇلغىنى 27 مىليارد 46 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يېتىپ، %2.9 ئېشىپ، مەملىكەت بويىچە %4.67 نى ئىگىلىدى. ئايروپىلاندا توشۇلغىنى 88 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يېتىپ، %20.5 ئېشىپ، مەملىكەت بويىچە %2.08 نى ئىگىلىدى. تۇرۇبىدا توشۇلغىنى 2 مىليارد 600 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يېتىپ، %0.4 ئاشتى. بىر يىلدا يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 27 مىليارد 74 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا يېتىپ، %5.4 ئېشىپ، مەملىكەت بويىچە %2.4 نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈريولدا توشۇلغىنى 8 مىليارد 190 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا يېتىپ، %6.5 ئېشىپ، مەملىكەت بويىچە %1.98 نى ئىگىلىدى. تاشيولدا توشۇلغىنى 15 مىليارد 705 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا يېتىپ، %5 ئېشىپ، مەملىكەت بويىچە %2.56 نى ئىگىلىدى. ئايروپىلاندا توشۇلغىنى 3 مىليارد 179 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا يېتىپ، %4.6 ئېشىپ، مەملىكەت بويىچە %3.7 نى ئىگىلىدى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 3 مىليارد 470 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %38.5 ئېشىپ، مەملىكەت بويىچە %1.05 نى ئىگىلىدى.

**تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش ۋە بىناكارلىق** بىر يىلدا تۇراقلىق مۈلۈككە 55 مىليارد يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %5.8 ئېشىپ، مەملىكەت بويىچە %1.84 نى ئىگىلەپ، 21 - ئورۇنغا ئۆتۈپ، 4 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 35 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، %5.4 ئېشىپ، مەملىكەت بويىچە %2.77 نى ئىگىلەپ، 13 - ئورۇنغا ئۆتۈپ، 1998 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ 6 مىليارد يۈەن بولۇپ، %21.2 تۆۋەنلەپ، مەملىكەت بويىچە %1.36 نى ئىگىلەپ، 27 - ئورۇنغا ئۆتۈپ، 5 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى. بىر يىلدا بىناكارلىق قۇرۇلما قىممىتى 4 مىليارد 40 مىليون يۈەن بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن %8.1 تۆۋەنلەپ، مەملىكەت بويىچە 26 - ئورۇندا تۇردى. ئۆيلەرنىڭ ئىش باشلانغان كۆلىمى 18 مىليون 533 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 22 - ئورۇندا تۇردى. ئۆيلەرنىڭ پۈتكەن كۆلىمى 9 مىليون 300 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، مەملىكەت بويىچە 19 - ئورۇندا تۇردى.

**سودا ۋە باھا** ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 34 مىليارد 740 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %6.1 ئېشىپ، مەملىكەت بويىچە 25 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى %3.8 تۆۋەنلەپ، مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن 0.8 پىرسەنت پۇنكتى تۆۋەن بولۇپ،

مەملىكەت بويىچە 27 - ئورۇندا تۇرۇپ (يۇقىرىدىن تۆۋەنگە ھېسابلىغاندا) 27 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى. ئاھالىلەر ئىستېمال بۇيۇملىرى باھاسى 2.6% تۆۋەنلەپ، مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن 1.2 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەن بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 30 - ئورۇندا تۇرۇپ، 26 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى.

تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 1 مىليارد 765 مىليون دوللارغا يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 15.8% ئېشىپ، مەملىكەت بويىچە 19 - ئورۇندا تۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 1 مىليارد 27 مىليون دوللارغا يېتىپ، 37.4% ئېشىپ، مەملىكەت بويىچە 18 - ئورۇندا تۇردى؛ ئىمپورت سوممىسى 738 مىليون دوللار بولۇپ، 5.1% تۆۋەنلەپ، مەملىكەت بويىچە 17 - ئورۇندا تۇردى.

خەلق تۇرمۇشى ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆزىگە تەئەللۇق كىرىمى 5428.91 يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 5.8% ئېشىپ، مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن 425 يۈەن تۆۋەن بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 14 - ئورۇندا تۇردى. يېزا ئاھالىلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1500 يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 6.3% تۆۋەنلەپ، مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن 710 يۈەن تۆۋەن بولدى، مەملىكەت بويىچە 25 - ئورۇندا تۇرۇپ، 1998 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى.

ۋۇ جۈن

## ئىگىلىكنى رەتكە تۇرغۇزۇپ باھالاش ئەھۋالى

ئاپتونوم رايوندىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ خەلق ئىگىلىكىنىڭ يىللىق مەلۇمات كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ 1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ئىگىلىكىدىن ئالدىنقى 10 نى رەتكە تۇرغۇزۇپ باھالاش ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى ئالدىنقى 10 - لىككىچە تۇرغان ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ تەرتىپى مۇنداق: قاراماي شەھىرى (38 مىڭ 357 يۈەن)، ئۈرۈمچى شەھىرى (14 مىڭ 135 يۈەن)، بايىنغولىن ئوبلاستى (10 مىڭ 665 يۈەن)، تورپان ۋىلايىتى (10 مىڭ 440 يۈەن)، شىخەنزە شەھىرى (8051 يۈەن)، سانجى ئوبلاستى (7085 يۈەن)، قۇمۇل ۋىلايىتى (6472 يۈەن)، تارباغاتاي ۋىلايىتى (5968 يۈەن)، ئالتاي ۋىلايىتى (5000 يۈەن)، بورتالا ئوبلاستى (4991 يۈەن).

كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى ئالدىنقى 10 - لىككىچە بولغان ناھىيە دەرىجىلىك شەھەرلەرنىڭ تەرتىپى: كورلا شەھىرى (22 مىڭ 37 يۈەن)، فۇكاڭ شەھىرى (9753 يۈەن)، كۈيتۇڭ شەھىرى (9450 يۈەن)، مىچۈەن شەھىرى (8003 يۈەن)، سانجى شەھىرى (7604 يۈەن)، قۇمۇل شەھىرى (7405 يۈەن)، چۆچەك شەھىرى (6969 يۈەن)، ئاقسۇ شەھىرى (6456 يۈەن)، شىخو شەھىرى (6039 يۈەن)، بورتالا شەھىرى (5324 يۈەن).

كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى ئالدىنقى 10 - لىككىچە بولغان ناھىيىلەرنىڭ تەرتىپى مۇنداق: پىچان ناھىيىسى (19 مىڭ 632 يۈەن)، ماناس ناھىيىسى (9785 يۈەن)، ئۈرۈمچى ناھىيىسى (9559 يۈەن)، ساۋەن ناھىيىسى (6624 يۈەن)، قۇتۇبى ناھىيىسى (6567 يۈەن)، چاقىلىق ناھىيىسى (6279 يۈەن)، لوپنۇر ناھىيىسى (6208 يۈەن)، كۆكتوقاي ناھىيىسى (5982 يۈەن)، يەنجى ناھىيىسى (5888 يۈەن)، جىمسار ناھىيىسى (5846 يۈەن).

ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ تەرتىپىدىن قارىغاندا ئاپتونوم رايون بويىچە ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسى ماكان جەھەتتە كۆرۈنەرلىك ھالدا شىمالنىڭ يۇقىرى، جەنۇبنىڭ تۆۋەن بولۇشقا قاراپ يۈزلەنگەن، ئالدىنقى 10 - لىككىچە بولغانلار ئىچىدە جەنۇبىي شىنجاڭدىن پەقەت بايىنغولىن ئوبلاستىلا بار. ئاپتونوم رايون ئىقتىسادى روشەن ھالدا قوش مەنبەلىك ئىقتىسادىي ئالاھىدىلىككە ئىگە، 1 - لىك بىلەن ئەڭ ئاخىرقىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق 36 مىڭ 807 يۈەن بولدى، بۇ ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىدا روشەن پەرقنىڭ ۋە ئىنتايىن تەڭپۇڭسىزلىقنىڭ ساقلىنىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

شەھەرلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرتىپىدىن قارىغاندا: ئاپتونوم رايوندىكى شەھەرلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بىرقەدەر يۇقىرى بولدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 19 شەھەرنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 63% ىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى، بۇ شەھەرلەرنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئومۇمىيۈزلۈك ئاپتونوم رايوننىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن يۇقىرى بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە قاراماي، كورلا، ئۈرۈمچى، فۇكاڭ، كۈيتۇڭ، شىخەنزە، مىچۈەن، سانجى، قۇمۇل شەھەرلىرىدىن ئىبارەت 9 شەھەرنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن



ئۈرۈمچىنىڭ شەھەر رايونىدىن بىر كۆرۈنۈش

جاۋ جۈنئەن فوتوسى

ئوتتۇرىچە مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 7000 يۈەندىن ئاشتى. بىراق شەھەرلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسىدە رايونلار ئارا پەرق چوڭ بولدى. شىمالىي شىنجاڭدىكى شەھەرلەرنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ۋە كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى روشەن ھالدا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى شەھەرلەرنىڭكىدىن يۇقىرى بولدى، ئالدىنقى 10 - لىككىچە بولغان شەھەرلەرنىڭ ئىچىدە شىمالىي شىنجاڭدىكى شەھەر 7. يۇقىرىقىدەك ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب: شىمالىي شىنجاڭدىكى شەھەرلەرنىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىتى ئەۋزەللىككە ئىگە، ھەرخىل ئاساس شارائىتلىرى بىرقەدەر ياخشى، كەسىپ قۇرۇلمىسى خېلى مۇۋاپىق، 2 -، 3 - كەسىپلەر خېلى تەرەققىي قىلغان.

ناھىيە دەرىجىلىك ئىقتىسادنى رەتكە تىزىش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، ناھىيە دەرىجىلىك ئىقتىساد روشەن ھالدا تېز تەرەققىي قىلغان، شەھەرلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسى بىلەن بولغان پەرق تەدرىجىي كىچىكلىگەن. ئەمما ناھىيە دەرىجىلىك ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسىدە رايونلار ئارا پەرق يەنىلا ناھايىتى چوڭ. بۇنىڭدىمۇ شىمالنىڭ يۇقىرى، جەنۇبنىڭ تۆۋەن بولۇشقا قاراپ يۈزلەنگەن. ئاپتونوم رايون بويىچە كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى جەھەتتە پىچان ناھىيىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، 19 مىڭ يۈەندىن ئاشتى، ئەمما جەنۇبىي شىنجاڭدا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئەڭ تۆۋەن بولغان ناھىيىلەرنىڭ 1500 يۈەنگىمۇ يەتمىدى. ئالدىنقى 10 - لىككىچە بولغان ناھىيىلەرنىڭ ئىچىدە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاران 3 نى ئىگىلەيدۇ. بۇ خىل ۋەزىيەتنىڭ شەكىللىنىشىدىكى سەۋەب جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ناھىيە دەرىجىلىك ئىقتىسادنىڭ ئاساسىي شارائىتى ناچار، قوشۇلما قىممىتى يۇقىرى، تۆۋرۈك كەسىپ كەمچىل، كەسىپ قۇرۇلمىسى بىرلا خىل، 2 -، 3 - كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتى بەكلا ئارقىدا قالغان.

جۇ دۇكۇيى

## نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن 25 نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلدى. بۇ تۈرلەرگە 19 مىليارد 830 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، يىللىق پىلاننىڭ %83.3 ى ئورۇندالدى، دېمەك يىل بېشىدا بېكىتىلگەن قۇرۇلۇش ۋەزىپىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندالدى.

يىل ئاخىرىغىچە پۈتۈنلەي ئىشقا كىرىشتۈرۈش پىلانلانغان 8 تۈر ئىچىدە، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولىنى غەربكە ئۇزارتىش قۇرۇلۇشى، ئۈرۈمچى 2 - ئۇزۇن يوللۇق تېلېگراف توگۇنلۇك قۇرۇلۇشى، ش ئۇ ئا ر پاختا، ئاشلىق زاپاس ئامبىرى، ئۈرۈمچى تەبىئىي گاز تورۇبا قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت 5 تۈر پۈتكۈزۈلۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى؛ داۋانچىڭ شامال ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ 3 - قارارلىق كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى، سۇ بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشى، شىدۇنرا تېغى سېمونت زاۋۇتىدىن ئىبارەت 3 تۈر كىرگۈزۈلگەن ئۈسكۈنىلەر زىيانغا ئۇچراش، لايىھە ئۆزگىرىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كېچىكىپ، 2000 - يىلى ئىشقا كىرىشتۈرۈلىدىغان بولدى. 8 پىلانلانغان يەككە تۈر ياكى قىسمەن ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن تۈرلەر ئىچىدە، شىنجاڭ پاختا بازىسى قۇرۇلۇشىدا 67 مىڭ گېكتار تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىزنى ئۆزگەرتىش تاماملىنىپ، يىللىق قۇرۇلۇش نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇلدى؛ تارىم يېزا ئىگىلىكىدە، سۇغىرىش، سۇ چىقىرىۋېتىش ۋە مۇھىت ئاسراش 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشىدا 23 مىڭ گېكتار بوزيەر ئېچىش، 20 مىڭ گېكتار تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىزنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇلدى، شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىغا قاراشلىق

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىلىشى

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئاپتونوم ئوبلاست 5 | ۋىلايەت 8 | ۋىلايەت دەرىجىلىك شەھەر 2 | ناھىيە دەرىجىلىك شەھەر 17 |
| ناھىيە 62 | ئاپتونوم ناھىيە 6 | شەھەرگە قاراشلىق رايون 11 | رايونلۇق مەھكىمە 11 |
| يېزا 667 (بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي يېزا 43) | بازار 186 | مەھەللە ئىش باشقارمىسى 123 | |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە، رايون ناملىرى | | | قاراشلىق بازار، يېزا، مەھەللە ئىش باشقارمىسى، رايونلۇق مەھكىمە |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | | «تەڭرىتاغ» رايونى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: قارلىغاچلىق، «غالىبىيەت» كوچىسى، «ئىتتىپاق» كوچىسى، جەنۇبىي «ئازادلىق» كوچىسى، «تىنچلىق» كوچىسى، شىمالىي «ئازادلىق» كوچىسى، دۇڭمېن، شىمالىي «شىنخۇا» كوچىسى، جەنۇبىي «شىنخۇا» كوچىسى، ياشلار كوچىسى، ئۇلانباي، «بەخت» كوچىسى |
| | | سايباغ رايونى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: «چاڭجياڭ» كوچىسى، خوتەنگەي، «ياڭزىجياڭ» كوچىسى، جەنۇبىي «دوستلۇق» كوچىسى، «1 - ئاۋغۇست» كوچىسى، لۈيەنگەي، شىسەن، يامالىق تېغى، شىمالىي «دوستلۇق» كوچىسى، خۇڭمياۋزى |
| | | تۇدۇڭخابا رايونى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: تۇدۇڭخابا، غەربىي پويىز ئىستانسىسى، «ئۈرۈمچى - سانجى» كوچىسى، ۋاڭجياگۇ |
| | | شىمگو رايونى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: شىمگو، ليۇداۋان، ۋېيخۇلياڭ، «يېڭى خەلق» كوچىسى، باداۋان، يەكەنكۆل |
| | | يېڭىشەھەر رايونى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: «بېيجىڭ» كوچىسى، ئەرگۇڭ، سەنگۇڭ، يېڭى نېفىت كەنتى، «مېھمان كۈتۈش» كوچىسى، شىمالىي ۋوگزال، شەرقىي «قەشقەر» كوچىسى، ئۈرۈمچى ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونى |
| | | نەنسەن كان رايونى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: ئۇۋرغول، شىڭخو، دۇڭفېڭ |
| | | دۇڭشەن رايونى | مەھەللە ئىش باسقارمىسى: كازىۋەن، دىباڭ، نېفىت - خىمىيە باش زاۋۇتى؛ يېزا: لۇساۋگۇ |
| | | ئۈرۈمچى ناھىيىسى | بازار: داۋانچىڭ، ئەنىڭچۇ؛ يېزىلار: دۇڭگۇ، شىگۇ، ئاقسۇ، داۋان، چىداۋان، ئەرگۇڭ، دىۋوپۇ، چىڭگېداخۇ، سىشىخو، ليۇشىخو، ساداۋان، يۇڭفېڭ، گەنگۇ، شياۋچۈزى، بەنفاڭگۇ، شۇيشىگۇ، سەيۇۋپۇ، تولى |
| قاراماي شەھىرى | | مايتاغ رايونى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: شىمالىي كەنت |
| | | قاراماي رايونى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: «تەڭرىتاغ» كوچىسى، «غالىبىيەت» كوچىسى، «55» يېڭى بازىرى، «جىنلوڭ» بازىرى، «كونبىنلۇن» كوچىسى، «سامايولى» كوچىسى؛ يېزا: شۆگەي |
| | | جەرەنبۇلاق رايونى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: «جۇڭشىڭ» كوچىسى، «سەنپىڭ» كوچىسى |
| | | ئورقۇ رايونى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: ئاقبۇلاق؛ يېزا: ئورقۇ |
| شىخەنزە شەھىرى | | | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: يېڭىشەھەر، شياڭياڭ، خۇڭشەن، كونا بازار، شەرقىي بازار؛ بازار: بېيچۈەن؛ يېزا: شىخەنزە |
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | | كۈيتۇڭ شەھىرى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: شەرقىي «ئۈرۈمچى» كوچىسى، «ئىتتىپاق» كوچىسى، «بېيجىڭ» كوچىسى، غەربىي «ئۈرۈمچى» كوچىسى، پويىز ئىستانسىسى؛ يېزا: كەيگەنچى |
| | ئىلى ۋىلايىتى | غۇلجا شەھىرى | بازار: بايانداي؛ يېزىلار: خەنبىڭ، تاشكۆۋرۈك، قارادۆڭ، كېپەكيۈزى، توغراق، يېڭىيەر؛ مەھەللە ئىش باشقارمىسى: سايبويى، چوڭ كۆۋرۈك، دۆڭمەھەللە، ھەرەمباغ، دۆلەتباغ، قازانچى، «ئازادلىق» كوچىسى، «ئىلى دەرياسى» كوچىسى |
| | | غۇلجا ناھىيىسى | بازار: جىلىلىيۈزى، دۆڭمازار؛ يېزىلار: دادامتۇ، پەنجىم، تۇرپانيۈزى، خۇدىيارىيۈزى، ۋۇگۇڭ، سادىقيۈزى، چۆلۈقاي، ئونيار، مازار، قاش، سامىيۈزى، ئۇيغۇر ئۆچمون، بايتوقاي، يېڭىتام، ئاراتۆستەڭ، قاراياغاچ، ئەۋلىيا، ئۆچمون خۇيزۇ يېزىسى |
| | | قورغاس ناھىيىسى | بازار: سۇيدۇڭ، چىڭسىخوزا، لوسىگۇڭ؛ يېزىلار: لەڭگەر، ساندۇخوزا، ساربۇلاق، كۈرە، داشىگۇر، ئىچكاشەن شىبە يېزىسى، سەنگۇڭ خۇيزۇ يېزىسى |
| | | نىلقا ناھىيىسى | بازار: نىلقا؛ يېزىلار: سوپتاي، قاراسۇ، ياقا ئۆلاستاي، نىلقا ئۆزەن، ئۆلاستاي، كېلەڭ، قاراتۆپە، قوجۇرتاي، مىس، كۆكخوتخور موڭغۇل يېزىسى |
| | | موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى | بازار: موڭغۇلكۈرە؛ يېزىلار: خونۇقاي، ئاقدالا، ئۆزۈنبۇلاق، قاشايار، سارقوبۇ، قاراسۇ، چاغان ئۇسۇ موڭغۇل يېزىسى، شوتا قىرغىز يېزىسى، خوسومتوخارسۇن موڭغۇل يېزىسى |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | تارباغاتاي ۋىلايىتى | تېكەس ناھىيىسى | بازار: تېكەس، يېزىلار: كۆكسۇ، چىلوۋزەك، چولاقتېرەك، قارادالا، قاراتوقاي، خوجىرتى موڭغۇل يېزىسى، كۆكتېرەك قىرغىز يېزىسى |
| | | توققۇزتارا ناھىيە-سى | بازار: توققۇزتارا؛ يېزىلار: مۇخۇر، جىرغىلاڭ، ئاقارسىن، دۆڭمەھەللە، ئاشتۆپە، تىكتېرىق، ئاقتۆبەك |
| | | كۈنەس ناھىيىسى | بازار: كۈنەس، ئارالتۆپە، تالدى، نارات؛ يېزىلار: كەڭسۇ، قارابۇرا، ئالمالى، تۇرگىن |
| | | چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى | بازار: چاپچال، ئايشىنسىرى؛ يېزىلار: سۇنجاچىنىرۇ، ناداچىنىرۇ، جاقۇچىنىرۇ، كان يېزىسى، فونغۇنچى، قاينۇق، جاغىستاي، چوڭ بۇغرا، دۈيچىنىرۇ، چوقۇر، ئاشلىقبولاق خۇيزۇ يېزىسى |
| | | چۆچەك شەھىرى | بازار: ئەرگۈڭ؛ يېزىلار: ئېمىل، قاراقاباق، چاشا، ئابدىرا، ئاشلى داغۇر يېزىسى؛ مەھەللە ئىش باشقارمىسى: تىنچلىق، دۆبىك، يېڭىشەھەر |
| | | شىخۇ شەھىرى | بازار: خاتۇبۇغ، بەيياڭگۇ، خۇاڭگۇڭ، جىبەيزە، گۇرتى، گەنخوزا، بەيجۇەن، شىخۇ، چىڭشۇر، شىداگۇ، تاشكۆۋرۈك؛ يېزىلار: باشىسخۇ، جۇجيەنلۇ، جاخوزا، تۈنەي، جىرگىلتى موڭغۇل يېزىسى، تابىلغان موڭغۇل يېزىسى؛ مەھەللە ئىش باشقارمىسى: يېڭىشەھەر رايونى، جەنۇبىي باغ، شىجىاڭ، قىزىلكۆۋرۈك، كۈيتۇڭ دەرياسى |
| | | دۆربىلجىن ناھىيىسى | بازار: دۆربىلجىن؛ يېزىلار: شەھەر ئەتراپى، شاڭخۇ، ئۈچ قاراسۇ، قارا ئېمىل، جېلتاغاش، مارالسۇ، گۇرتى، كۇرە، ئېمىلغولىن موڭغۇل يېزىسى، خوجىرتى موڭغۇل يېزىسى |
| | | چاغانتوقاي ناھىيىسى | بازار: قارابۇرا؛ يېزىلار: قارابۇرا، جاڭجەر، جىيەك، ئالتۇن ئېمىل، جىڭىس |
| | | تولى ناھىيىسى | بازار: تولى، تېمىرتام، ئۈت؛ يېزىلار: دولاتى، ئاقبىلدىۇ، كۇب، ئۇرشۇلت |
| | | ساۋەن ناھىيىسى | بازار: ساندۇخوزا، يەنسىخەي، ئولانئۇس، سىداۋخوزا، دۇڭۋەن، شىگوبى، كوناساۋەن، ليۇماۋۋەن؛ يېزىلار: قورغاس، داچۇەن، بورتۇڭگى، شاڭخودى |
| | | قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى | بازار: قوشتولغاي، قوبۇقسار؛ يېزىلار: شازغەت، تېبكىن ئۇسان، چاغانكۆل، بايىن ئوبا، مۆتگې |
| | ئالتاي ۋىلايىتى | ئالتاي شەھىرى | بازار: بېيتون، ئاۋېيتان؛ يېزىلار: خۇڭدۆڭ، شىبىرشىك، ئالاقاق، قاراشىلىك، سارخولسۇن، بالباغاي، شىرىكشى، راستەي، قانداغايتى موڭغۇل يېزىسى؛ مەھەللە ئىش باشقارمىسى: «ئالتۇنتاغ» كوچىسى، «ئازادلىق» كوچىسى، «ئىنتىپاق» كوچىسى |
| | | قابا ناھىيىسى | بازار: ئاقچى؛ يېزىلار: سارتام، جايىلما، ساربۇلاق، تېرەكتى، كۆلباي، چىپار |
| | | بۇرچىن ناھىيىسى | بازار: بۇرچىن؛ يېزىلار: ئويماق، دۆۋلايتى، قوستىق، چوڭقۇر، ئىگىزتۆپە، قومتاناس موڭغۇل يېزىسى |
| | | جېمىنەي ناھىيىسى | بازار: توپتېرەك، جېمىنەي؛ يېزىلار: توپتېرەك، توست، شالشىقاي، قارجاۋ، بەستېرەك |
| | | بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى | بازار: بۇرۇلتوقاي؛ يېزىلار: جېتئارال، كۆكئاغاش، شىخانجىيدە، قارامغاي، ئاردا |
| | | كۆكتوقاي ناھىيىسى | بازار: قۇلىرتىش، ، كۆكتوقاي؛ يېزىلار: تورغۇن، قاراتۇڭگې، كۇرتى، قارابۇلغىن، دۆرى، تېمېكى |
| | | چىڭگىل ناھىيىسى | بازار: چىڭگىل، تايكېشكېن؛ يېزىلار: چاغانغول، سارتوقاي، ئارال، ئاغاشئوبا، ئارالتۆپە |
| بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى | | بورتالا شەھىرى | بازار: شويگېيەن، دالتۇ، ئوتبۇلاق؛ يېزىلار: چىندېل، بىلىن خارمۇدۇن؛ مەھەللە ئىش باشقارمىسى: چىندېل، گۈلۈمتۇ، كىرگىنىزۇ |
| | | جىڭ ناھىيىسى | بازار: جىڭ، داخىيەنزە؛ يېزىلار: ماندانبۇلاق، تولى، تودوگ |
| | | ئارشاڭ ناھىيىسى | بازار: بۆگدۆر، خاربۇغ؛ يېزىلار: ئاڭگىلىنگ، چاغانتۇڭگې، تاشۇ، زالمۇت |
| سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى | | سانجى شەھىرى | بازار: ليۇخۇاڭگو، يۇشۇگۇ، سەنگۇڭ؛ يېزىلار: ئەرلىيۇگۇڭ، داشىچۇ، دەنبا، بىنخۇ، ليۇ گۇڭ، مياۋئېرگو، ئاشلى قازاق يېزىسى؛ مەھەللە ئىش باشقارمىسى: كونا شەھەر، شىمالىي «يەنئەن» كوچىسى، جەنۇبىي «يەنئەن» كوچىسى، شەھەر ئەتراپى رايونى |
| | | مىچۇەن شەھىرى | بازار: گۇمۇدى، تېيچاڭگو، چاڭسەنزە، سەندوبا، ياڭماۋگۇڭ؛ يېزىلار: تېرەكلىك قازاق يېزىسى؛ مەھەللە ئىش باشقارمىسى: «دوستلۇق» كوچىسى، غەربىي «گۇمۇدى» كوچىسى، شەرقىي «گۇمۇدى» كوچىسى |
| | | فۇكاڭ شەھىرى | بازار: گەنخىزا، جيۇيۇنگەي، زىنىجۇەنزە، بازار؛ يېزىلار: شىمىگو، سەنگۇڭخې قازاق يېزىسى، ئاقتول قازاق يېزىسى؛ مەھەللە ئىش باشقارمىسى: «يېڭى فۇكاڭ» كوچىسى، «بوغدا» كوچىسى، شەرقىي «جۇڭغار» كوچىسى |
| | | ماناس ناھىيىسى | بازار: ماناس، لوتۇيى، باۋجيادەن، لياڭجۇخۇ، ليۇخۇدى، بەيۇۋچا؛ يېزىلار: تۇگۇڭ، گۇاڭدۇڭدى، لەنجۇۋەن، چىندىخوزا قازاق يېزىسى، تاسىرقاي قازاق يېزىسى، خەنكازىتەن قازاق يېزىسى |
| | | قۇتۇبى ناھىيىسى | بازار: قۇتۇبى، دافېڭ، چۆرىگول، ئەرشىلىدەن؛ يېزىلار: باغچى، ۋۇگۇڭتەي، تاشپەلەمپەي قازاق يېزىسى، قاراتۆپە قازاق يېزىسى |
| | | جىمىسار ناھىيىسى | بازار: جىمىسار، سەنتەي، چۇەنزىگەي؛ يېزىلار: ئەرگۇڭ، بېيتىڭ، لاۋتەي، چىڭياڭخۇ، شىندى، دايۇ |
| | | گۇچۇڭ ناھىيىسى | بازار: گۇچۇڭ، لاۋچىتەي، بەنجيېگو، جىبكى، دۇڭۋەن، شىدى؛ يېزىلار: بىليۇخې، شىبېۋەن، كارىز، گۇچۇڭ، چىخو، سەنگىجاڭزا، ۋۇماچاڭ قازاق يېزىسى، چورىن قازاق يېزىسى، داچۇەن تاتار يېزىسى |
| | | مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى | بازار: مورى، شىجىر، دۇڭچېڭ؛ يېزىلار: ئىنگىنبۇلاق، جاۋبىسەن، شىنخو، چۆرىن، بەيياڭخې، چوقيارتاش، بوستان، دانەنگۇ ئۆزبېك يېزىسى |

| | | |
|---|---|---|
| تۇرپان ۋىلايىتى | تۇرپان شەھىرى | بازار: چىچان، داھىيەن؛ يېزىلار: يار، ئاستانە، قارافوجا، ئايدىڭكۆل، چاتقال، سىڭگىم، ئۈزۈمچىلىك؛ مەھەللە ئىش باشقارمىسى: «كونا شەھەر» كوچىسى، «گىدىقۇت» كوچىسى |
| | توقسۇن ناھىيىسى | بازار: توقسۇن، كوموش، كۆجەي؛ يېزىلار: شاھ يېزىسى، غولبويى، ئىلانلىق، بوستان |
| | پىچان ناھىيىسى | بازار: پىچان، لۈكچۈن، پىچان پويىز ئىستانسىسى، چىقتىم، لەمجىن؛ يېزىلار: پىچان، دالانكارىز، دىغار، تويوق، دۆڭبازار خۇيزۇ يېزىسى |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | قۇمۇل شەھىرى | بازار: يامانسۇ، يەتتە قۇدۇق، ئارايۈلتۈز، ئاستانە؛ يېزىلار: تاشۆيلىسىق، تەڭرىتاغ، قوشقۇدۇق، يۇلۇقتوغراق، پالۋانتۇر، شەھەر ئىچى، راھەتباغ، بوغاز، قارادۆۋە، غەربىي تاغ، ئاقتاش، شەھەر ئەتراپى، ئىبدىر، دەۋلەدۆرۈك قازاق يېزىسى، ئۇلاتاي قازاق يېزىسى؛ مەھەللە ئىش باشقارمىسى: شەرقىي ئۆستەڭ رايونى، غەربىي ئۆستەڭ رايونى، يېڭىشەھەر رايونى |
| | ئارائۆرۈك ناھىيىسى | بازار: ئارائۆرۈك؛ يېزىلار: نوم، ئاداق، باي، تۆركۆل، توخۇلۇ، نېرىنكىر قازاق يېزىسى |
| | باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى | بازار: باركۆل، بورچۇنچى؛ يېزىلار: سارچۇقا، كۆلياقا، شيالوبا، داخې، كۆيسۇ، شىرىنزا، خۇايۈەن، سەنتاڭخو، چوڭ قۇلۇنچەرى، باچاڭزى |
| بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى | كورلا شەھىرى | يېزىلار: يېڭىشەھەر، تېكىچى، چارباغ، پۇخۇي، ئاۋات، تۆۋۈرچى، قوشئېرىق، قارا يۇلغۇن، لەڭگەر، شاڭخو؛ مەھەللە ئىش باشقارمىسى: سايباغ، «تەڭرىتاغ»، تاشدەن، يېڭىشەھەر، ئىتتىپاق، قورۇلۇش |
| | خېجىڭ ناھىيىسى | رايونلۇق مەھكىمە: بايىنبۇلاق؛ بازار: خېجىڭ، بالغۇنتاي، بارۇن خارمۇدۇن؛ يېزىلار: نەمىنمودۇن، شەلىمربوخ، خارمۇدۇن، كىرغوت، ئالغۇ، ئۆلجىيتۆل، بايانغول، بايانئول، كۆنكۆسىنغول |
| | خوشۇت ناھىيىسى | بازار: تېۋلغا؛ يېزىلار: چۇقۇ، تاغارچى، سۇخاتۇ، نەرىنكىر، ئۇششاق تال خۇيزۇ يېزىسى |
| | باغراش ناھىيىسى | بازار: باغراش؛ يېزىلار: تابانچۆكۈن، بومبوت، ئۇلانجىبكىبىن، چاغاننۇر، چېكىسىنتۇر، باغراش |
| | بۈگۈر ناھىيىسى | بازار: بۈگۈر، جەنۇبىي بۈگۈر؛ يېزىلار: دادولان، قاراباغ، چومپاق، ئاقبۇلاق، يېڭىسار، چىدىر، سوخو، ئارلاق، تېرەك بازار، ئەشمە |
| | لوپنۇر ناھىيىسى | بازار: لوپنۇر، شىنىغا؛ يېزىلار: تارىم، شىڭپىڭ، «ئىتتىپاق»، دۆڭقوتان، قارچۇغا، ئاقسۇپى، گۈلباغ |
| | چاقىلىق ناھىيىسى | رايونلۇق مەھكىمە: چىمەن؛ بازار: چاقىلىق، يىتىمبۇلاق؛ يېزىلار: تىكەنلىك، ئۆتام، ۋاشەرى، تۆمۈرلۈك، چىمەنباغ |
| | چەرچەن ناھىيىسى | رايونلۇق مەھكىمە: ئاچچان؛ بازار: چەرچەن؛ يېزىلار: ئارال، چوڭكۆل، توغراقلىق، باغئېرىق، يېڭىئۆستەڭ، ئاق تىكەندۆڭ، قوشساتما، ئاتىراڭ، ئاچچان، قوراملىق، ئويىيايلاق |
| | يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى | بازار: قاراشەھەر، يۇڭنىڭ، شىكشىن؛ يېزىلار: بېيداچۇ، ۋۇخاۋچۇ، دەنزىل، بورقاي، چاغانچېكە |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | ئاقسۇ شەھىرى | بازار: قاراتال، ئايكۆل؛ يېزىلار: ئىگەچى، بەشتوگمەن، توپلۇق، قۇمباش، توقاي؛ مەھەللە ئىش باشقارمىسى: لەڭگەر، يېڭىبازار، قىزىلكۆۋرۈك، يېڭىشەھەر |
| | ئونسۇ ناھىيىسى | بازار: ئونسۇ؛ يېزىلار: توخۇلا، ئارال، چاغراق، تۆمشۇق، جام، ئىشلەمچى، قىزىل، گۈلئاۋات، بوزدۆڭ قىرغىز يېزىسى |
| | باي ناھىيىسى | بازار: باي، تېرەك؛ يېزىلار: قىيىر، قىزىل، سايرام، توقسۇن، ياتۇر، كانچى، بۆلۈڭ، مىجىغ، ئوىباش، چوڭ كۆۋرۈك، قاراباغ |
| | كۇچا ناھىيىسى | بازار: كۇچا؛ يېزىلار: ئۇچار، ئىشخىلا، ئوچتۆستەڭ، ئالاقاغا، بېھىشباغ، چىمەن، خانىقاتام، دۆڭقوتان، ياقا، ئاقئۆستەڭ، ئۆزۈن، ئاقى، تارىم |
| | توقسۇ ناھىيىسى | بازار: توقسۇ، يۈلتۈزباغ؛ يېزىلار: ئىچئېرىق، پەيشەنبە بازار، تاشئېرىق، ئۆگەن، ئۈچقات، تامتوغراق |
| | شايار ناھىيىسى | بازار: شايار؛ يېزىلار: گۈلباغ، تويبولدى، «قىزىلبايراق»، يېڭىمەھەللە، قايلۇر، ئۆرباغ، تارىم |
| | ئۈچتۇرپان ناھىيىسى | بازار: ئۈچتۇرپان؛ يېزىلار: ئاقتوقاي، ياركۆۋرۈك، ئاچاتاغ، ئاقيار، ئىمامىلىرىم، يېڭىئاۋات، ئوتبېشى، يامانسۇ قىرغىز يېزىسى |
| | ئاۋات ناھىيىسى | بازار: ئاۋات، غورۇچۇل، بەشئېرىق؛ يېزىلار: ئايباغ، تامتوغراق، يېڭىئېرىق، دولان، باغتوغراق |
| | كەلپىن ناھىيىسى | بازار: كەلپىن؛ يېزىلار: گەزلىك، يۇرچى، ئاچال، چىلان |

| | | |
|---|---|---|
| قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى | ئاتۇش شەھىرى | يېزىلار: سۇنتاغ، ئازاق، ئاغۇ، ئۈستۈن ئاتۇش، كانتايلاق، تۇگۇرمىتى، قاراجول؛ مەھەللە ئىش باشقارمىسى: «بەخت»، «نۇر» كوچىسى |
| | ئاقچى ناھىيىسى | بازار: ئاقچى؛ يېزىلار: قۇلانساراق، ساپارباي، سۇمتاش، قاراچى، قارابۇلاق |
| | ئۇلۇغچات ناھىيىسى | بازار: ئۇلۇغچات، كانسۇ؛ يېزىلار: ئۇلۇغچات، ئوقسالۇر، جىغىن، بورىتوقاي، قىزىلئۆي، توبون، تېرەك، بايقۇرۇت، بوستانتېرەك |
| | ئاقتۇ ناھىيىسى | بازار: ئاقتۇ، ئويتاغ؛ يېزىلار: ئۆجمە، پىلال، بارىن، قاراكېچەك، جامالتېرەك، مۇجى، بۇلۇڭكۆل، قىزىلتو، چارلوڭ، كوسراپ، تار تاجىك يېزىسى |
| قەشقەر ۋىلايىتى | قەشقەر شەھىرى | يېزىلار: نەزەرباغ، شامالباغ، دۆلەتباغ، قوغان؛ مەھەللە ئىش باشقارمىسى: چاسا، يارباغ، ئۆستەڭبويى، قۇمدەرۋازا |
| | قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى | بازار: توققۇزاق؛ يېزىلار: ئوپال، تاشمىلىق، تېرىم، بۇلاقسۇ، سايباغ، زەمىن، ئوغۇساق، پاختەكلى، سەمەن، خانئېرىق، لەڭگەر، مۇش، بەشكېرەم، ئاۋات، يېڭىئۆستەڭ، ئاقتاش |
| | قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى | بازار: يېڭىشەھەر، خانئېرىق، ياپچان؛ يېزىلار: بارىن، ياندۇرما، يامانيار، باغچى، تازغۇن، يېڭىئېرىق، تاغارچى، ئەرمۇدۇن، قومۇشئېرىق، ئارال، هاراپ، يېڭىئاۋات |
| | مارالبېشى ناھىيىسى | بازار: مارالبېشى، سېرىقبۇيا، ئاۋات، ئاچال؛ يېزىلار: چارباغ، دۆلەتباغ، ئاناركۆل، شامال، ئاقساقمارال، ئالاغىر، چوڭقۇرچاق، يېڭىئۆستەڭ |
| | پەيزاۋات ناھىيىسى | بازار: بارىن، شىكەركۆل؛ يېزىلار: تېرىم، يېڭىمەھەللە، جامباز، غولتوغراق، قىزىلبويى، مىشا، شاپتۇل، قوشئاۋات، قىزىلسۇ، كۆللۈك، ئوردەكلىك |
| | يوپۇرغا ناھىيىسى | بازار: يوپۇرغا؛ يېزىلار: يوپۇرغا، سىيەك، يەكشەنبە بازار، ئەشمە، ئاچچىق، تېرىم، بايئاۋات، ئاخۇنلۇقۇم |
| | يېڭىسار ناھىيىسى | بازار: يېڭىسار؛ يېزىلار: بازار، چولپان، ماڭشىن، ئوچار، سۆگەت، توپلۇق، قىزىل، ئەگىس، لومپا، ساغان، يېڭىيەر، سىمىتلە، ئىگىزيەر |
| | مەكىت ناھىيىسى | بازار: مەكىت؛ يېزىلار: بازاربەيى، شىپتىدۆڭ، ياتتاق، تومەنتال، غازكۆل، قىزىلئاۋات، قۇمقۇسار، ماڭغىتلىق، قۇرما |
| | يەكەن ناھىيىسى | رايونلۇق مەھكىمە: تومئۆستەڭ، ئىشقول، ئودانلىق، قوشراپ، ئاۋات، ئىبلىشقۇ، بەشكەنت؛ بازار: يەكەن، چارەك، ئىبلىشقۇ، خانئدى، ئاۋات، بەشكەنت، ئىگەرچى؛ يېزىلار: گۈلباغ، ئارال، چارباغ، يېڭىئۆستەڭ، تومئۆستەڭ، ئودانلىق، ئارسلانباغ، ياقا ئېرىق، ئىشقول، مىشا، بەكچى، تاغارچى، قوشئېرىق، دۆڭباغ، ئالامەت، ئازادباغ، باغئاۋات، قاراسۇ، قوشراپ، كاچۇڭ، دامىسى، زەرەپشات تاجىك يېزىسى |
| | پوسكام ناھىيىسى | رايونلۇق مەھكىمە: كۆيباغ؛ بازار: پوسكام، كۆيباغ؛ يېزىلار: پوسكام، يىما، گۈلباغ، سەيلى، ئەككىسۇ، تۇغچى، كۆيباغ، ئاقتام، ئايكۆل، بۆيلىق تاجىك يېزىسى |
| | قاغىلىق ناھىيىسى | بازار: قاغىلىق، چارباغ، ئۆششارباش؛ يېزىلار: لوق، بەشئېرىق، تېتىر، چاسا مەسچىت، تۆگىچى، جاڭگىلەسكى، جايتېرەك، بارىن، غوجا ئېرىق، شاخاپ، يىلقىچى، چىپان، سايباغ، يېتىملىقۇم، زوڭلاڭ، كۆكيار، شىخوشۇ |
| | تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى | بازار: تاشقورغان؛ يېزىلار: تاشقورغان، تاغارما، تېزناپ، دەفتەر، مارياڭ، ۋەچە، بەلدىر، قوغۇشلۇق، بورۋىسال، داتۇڭ، كۆكيار قىرغىز يېزىسى |
| خوتەن ۋىلايىتى | خوتەن شەھىرى | بازار: لاسكۈي؛ يېزىلار: ئىلچى، شورباغ، گۈجانباغ؛ مەھەللە ئىش باشقارمىسى: ناۋاغ، نۇرباغ، گۈلباغ، گۈجانباغ |
| | خوتەن ناھىيىسى | بازار: باغچى؛ يېزىلار: لايقا، بوزاق، تۇسالا، خانئېرىق، يېڭىئاۋات، يېڭىئېرىق، لاڭرۇ، سېغىز كۆل، ئىلامئاۋات، تەۋەككۇل، قاشتېشى |
| | گۇما ناھىيىسى | بازار: گۇما، دۇۋا؛ يېزىلار: قوشتاغ، كۆكتېرەك، سانجۇ، مۇجى، موكۇيلا، زاڭگۇي، پىشنا، چودا، پىيالما، بەشلەڭگەر، كىلياڭ، ئاۋئابات تاجىك يېزىسى، كەڭقىر قىرغىز يېزىسى |
| | قاراقاش ناھىيىسى | بازار: قاراقاش؛ يېزىلار: توخۇلا، زاۋا، ئاقساراي، جاھانباغ، سايباغ، ئۇرچى، ماڭلاي، پۇرچاقچى، قويچى، كۇيا، ياۋا، قاراساي، تۇۋەت، يېڭىيەر، كاۋاك |
| | لوپ ناھىيىسى | بازار: لوپ، يۇرۇڭقاش؛ يېزىلار: جىيا، بۇيا، ناۋا، سامپۇل، چارباغ، هاڭگىيا، دول، بەشتوغراق |
| | كېرىيە ناھىيىسى | بازار: مۇغاللا، شەنبە بازار؛ يېزىلار: جاي، كۆكيار، ئارال، ئارىش، لەڭگەر، سىيەك، توغراغاز، قارقى، شىۋۇل، گويتوغراق، ئاچچان، يېڭىباغ، دەريا بويى |
| | چىرا ناھىيىسى | بازار: چىرا؛ يېزىلار: چىرا، گۈلاخما، دامىكو، چاقا، ئۇلۇغساي، نۇرى، بوستان |
| | نىيە ناھىيىسى | بازار: نىيە؛ يېزىلار: نىيە، روقىيا، سالغۇزەك، يېپىق، ئەندىر |

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون نوپۇسىنىڭ تارقىلىشى ۋە مىللىي تەركىبى

| رايون ئايرىمىسى | جەمئىي | ئۇيغۇر | خەنزۇ | قازاق | خۇيزۇ | قىرغىز | موڭغۇل | شىبە | رۇس | تاجىك | ئۆزبېك | تاتار | مانجۇ | داغۇر | باشقىلار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| **شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى** | 17750000 | 8250236 | 6871528 | 1304518 | 792698 | 166325 | 161251 | 40049 | 9464 | 40099 | 13918 | 4732 | 21192 | 6481 | 67509 |
| **ئۈرۈمچى شەھىرى** | 1589158 | 202454 | 1158382 | 49439 | 147761 | 1082 | 6712 | 3853 | 2981 | 134 | 1455 | 828 | 8450 | 410 | 5217 |
| شەھەرگە قاراشلىق رايونلار | 1432182 | 192350 | 1088508 | 22013 | 99244 | 1058 | 6485 | 3815 | 2928 | 131 | 1366 | 744 | 8322 | 401 | 4817 |
| ئۈرۈمچى ناھىيىسى | 156976 | 10104 | 69874 | 27426 | 48517 | 24 | 227 | 38 | 53 | 3 | 89 | 84 | 128 | 9 | 400 |
| **قاراماي شەھىرى** | 268600 | 37503 | 208532 | 9992 | 6050 | 105 | 1863 | 709 | 507 | 28 | 197 | 64 | 913 | 98 | 2039 |
| شىخەنزە شەھىرى | 587932 | 6732 | 558453 | 3210 | 13933 | 40 | 690 | 147 | 199 | 19 | 21 | 4 | 849 | 14 | 3621 |
| **ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى** | 3858422 | 613544 | 1722608 | 997694 | 319292 | 17857 | 67696 | 34407 | 5212 | 124 | 5132 | 2530 | 4334 | 5768 | 62224 |
| كۈيتۇڭ شەھىرى | 263947 | 1066 | 250871 | 4245 | 5560 | 13 | 788 | 243 | 73 | 3 | 15 | 9 | 357 | 31 | 673 |
| **ئىلى ۋىلايىتى** | 2089809 | 559499 | 684516 | 478064 | 231010 | 15741 | 28022 | 32277 | 1271 | 100 | 4489 | 768 | 2971 | 420 | 50661 |
| غۇلجا شەھىرى | 334372 | 153077 | 127105 | 15289 | 28002 | 358 | 912 | 3307 | 631 | 49 | 2498 | 247 | 1387 | 38 | 1472 |
| غۇلجا ناھىيىسى | 380437 | 187257 | 70383 | 39127 | 55722 | 281 | 169 | 200 | 34 | 0 | 208 | 23 | 600 | 7 | 26426 |
| چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى | 157802 | 42212 | 52450 | 32745 | 6681 | 246 | 341 | 21886 | 89 | 0 | 53 | 6 | 93 | 7 | 993 |
| قورغاس ناھىيىسى | 337517 | 69041 | 153813 | 27388 | 67913 | 361 | 531 | 3000 | 220 | 40 | 151 | 77 | 330 | 296 | 14356 |
| توققۇزتارا ناھىيىسى | 151791 | 34639 | 47128 | 46024 | 18297 | 415 | 478 | 1552 | 105 | 0 | 157 | 88 | 207 | 4 | 2697 |
| كۈنەس ناھىيىسى | 282710 | 27150 | 112064 | 122769 | 17350 | 486 | 129 | 566 | 90 | 9 | 426 | 77 | 132 | 0 | 1462 |
| موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى | 149572 | 14411 | 42727 | 71119 | 3774 | 4085 | 12399 | 87 | 40 | 2 | 207 | 246 | 30 | 0 | 445 |
| تېكەس ناھىيىسى | 148720 | 14846 | 36748 | 59671 | 19518 | 8925 | 5455 | 846 | 17 | 0 | 630 | 4 | 112 | 0 | 1948 |
| نىلقا ناھىيىسى | 146888 | 16866 | 42098 | 63932 | 13753 | 584 | 7608 | 833 | 45 | 0 | 159 | 0 | 80 | 68 | 862 |

| رايون ئايرىمىسى | جەمئىي | ئۇيغۇر | خەنزۇ | قازاق | خۇيزۇ | قىرغىز | موڭغۇل | شىبە | رۇس | تاجىك | ئۆزبېك | تاتار | مانجۇ | داغۇر | باشقىلار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| **تارباغاتاي ۋىلايىتى** | 911979 | 42764 | 529220 | 223165 | 62147 | 2012 | 32979 | 1808 | 3429 | 20 | 298 | 542 | 680 | 5301 | 7614 |
| چۆچەك شەھىرى | 146511 | 4951 | 92385 | 22757 | 10223 | 1623 | 1618 | 1362 | 2283 | 17 | 164 | 257 | 223 | 5163 | 3485 |
| شىخو شەھىرى | 203300 | 19228 | 127728 | 21696 | 25308 | 15 | 8461 | 139 | 201 | 0 | 20 | 24 | 108 | 15 | 357 |
| دۆربىلجىن ناھىيىسى | 182836 | 7910 | 100412 | 60362 | 5700 | 297 | 5510 | 74 | 607 | 1 | 75 | 38 | 89 | 46 | 1715 |
| ساۋەن ناھىيىسى | 195285 | 8274 | 136963 | 31662 | 16730 | 14 | 374 | 25 | 88 | 1 | 18 | 40 | 140 | 11 | 945 |
| تولى ناھىيىسى | 81984 | 1071 | 22362 | 56586 | 947 | 38 | 531 | 85 | 12 | 0 | 6 | 95 | 69 | 9 | 173 |
| چاغانتوقاي ناھىيىسى | 51121 | 211 | 30718 | 16087 | 2831 | 3 | 136 | 52 | 203 | 0 | 0 | 13 | 21 | 31 | 815 |
| قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى | 50942 | 1119 | 18652 | 14015 | 408 | 22 | 16349 | 71 | 35 | 1 | 15 | 75 | 30 | 26 | 124 |
| **ئالتاي ۋىلايىتى** | 592687 | 10215 | 258001 | 292220 | 20575 | 91 | 5907 | 79 | 439 | 1 | 330 | 1211 | 326 | 16 | 3276 |
| ئالتاي شەھىرى | 214718 | 4938 | 131809 | 67532 | 6234 | 30 | 2426 | 44 | 215 | 0 | 235 | 348 | 186 | 2 | 719 |
| بۇرچىن ناھىيىسى | 68112 | 1086 | 22461 | 37073 | 4092 | 8 | 1906 | 3 | 133 | 0 | 9 | 414 | 7 | 0 | 920 |
| كۆكتوقاي ناھىيىسى | 82098 | 2257 | 20994 | 56229 | 1886 | 10 | 206 | 16 | 48 | 0 | 22 | 92 | 61 | 11 | 266 |
| بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى | 63797 | 650 | 35830 | 24752 | 1942 | 0 | 185 | 7 | 29 | 0 | 1 | 40 | 29 | 0 | 332 |
| قابا ناھىيىسى | 74593 | 369 | 23536 | 44825 | 4585 | 3 | 450 | 5 | 0 | 0 | 17 | 61 | 5 | 3 | 734 |
| چىڭگىل ناھىيىسى | 53690 | 581 | 10381 | 40357 | 1143 | 7 | 718 | 4 | 11 | 0 | 29 | 237 | 11 | 0 | 211 |
| جېمىنەي ناھىيىسى | 35679 | 334 | 12990 | 21452 | 693 | 33 | 16 | 0 | 3 | 1 | 17 | 19 | 27 | 0 | 94 |
| **بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى** | 403733 | 52220 | 267853 | 39812 | 13991 | 107 | 26448 | 374 | 140 | 2 | 131 | 13 | 349 | 25 | 2268 |
| بورتالا شەھىرى | 212969 | 34565 | 141869 | 16159 | 7462 | 30 | 11456 | 287 | 121 | 2 | 69 | 12 | 259 | 9 | 669 |
| جىڭ ناھىيىسى | 119006 | 14813 | 82459 | 11620 | 4531 | 20 | 4499 | 32 | 17 | 0 | 20 | 1 | 44 | 0 | 950 |
| ئارشاڭ ناھىيىسى | 71758 | 2842 | 43525 | 12033 | 1998 | 57 | 10493 | 55 | 2 | 0 | 42 | 0 | 46 | 16 | 649 |

| رايون ئايرىمىسى | جەمئىي | ئۇيغۇر | خەنزۇ | قازاق | خۇيزۇ | قىرغىز | موڭغۇل | شىبە | رۇس | تاجىك | ئۆزبېك | تاتار | مانجۇ | داغۇر | باشقىلار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى | 1481848 | 61848 | 1108318 | 121782 | 169866 | 126 | 5910 | 502 | 641 | 12 | 2409 | 989 | 3056 | 46 | 6343 |
| سانجى شەھىرى | 349320 | 11507 | 268251 | 16439 | 47922 | 38 | 1229 | 248 | 260 | 6 | 129 | 91 | 1142 | 8 | 2050 |
| مىچۈەن شەھىرى | 170422 | 4844 | 106915 | 3494 | 53360 | 38 | 566 | 42 | 68 | 6 | 4 | 4 | 258 | 18 | 805 |
| قۇتۇبى ناھىيىسى | 199439 | 5119 | 155495 | 22907 | 14274 | 9 | 180 | 20 | 55 | 0 | 0 | 26 | 129 | 3 | 1222 |
| ماناس ناھىيىسى | 161174 | 4671 | 132429 | 16922 | 6286 | 16 | 90 | 34 | 101 | 0 | 17 | 4 | 156 | 10 | 438 |
| گۇچۇڭ ناھىيىسى | 230901 | 15787 | 178241 | 20755 | 11816 | 6 | 1610 | 68 | 53 | 0 | 641 | 524 | 1036 | 0 | 364 |
| فۇكاڭ شەھىرى | 151308 | 9316 | 111516 | 11445 | 17256 | 14 | 317 | 62 | 77 | 0 | 30 | 43 | 155 | 7 | 1070 |
| جىمسار ناھىيىسى | 131795 | 6295 | 94714 | 9653 | 18188 | 5 | 1908 | 22 | 18 | 0 | 382 | 202 | 138 | 0 | 270 |
| مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى | 87489 | 4309 | 60757 | 20167 | 764 | 0 | 10 | 6 | 9 | 0 | 1206 | 95 | 42 | 0 | 124 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 546017 | 382046 | 127213 | 214 | 35514 | 1 | 92 | 26 | 52 | 2 | 5 | 1 | 291 | 4 | 556 |
| تۇرپان شەھىرى | 241776 | 173104 | 49392 | 23 | 18676 | 0 | 40 | 16 | 40 | 2 | 3 | 0 | 141 | 4 | 335 |
| پىچان ناھىيىسى | 201586 | 129792 | 61658 | 32 | 9739 | 0 | 45 | 10 | 12 | 0 | 2 | 1 | 124 | 0 | 171 |
| توقسۇن ناھىيىسى | 102655 | 79150 | 16163 | 159 | 7099 | 1 | 7 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 26 | 0 | 50 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 484529 | 90811 | 330249 | 44470 | 14297 | 17 | 2100 | 175 | 93 | 0 | 7 | 53 | 1517 | 8 | 732 |
| قۇمۇل شەھىرى | 364796 | 82210 | 255736 | 10253 | 13411 | 15 | 721 | 168 | 84 | 0 | 6 | 4 | 1484 | 7 | 697 |
| باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى | 100967 | 170 | 68394 | 30578 | 345 | 2 | 1367 | 7 | 9 | 0 | 0 | 49 | 27 | 1 | 18 |
| ئارا تۈرۈك ناھىيىسى | 18766 | 8431 | 6119 | 3639 | 541 | 0 | 12 | 0 | 0 | 0 | 1 | 0 | 6 | 0 | 17 |
| بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى | 1012259 | 342110 | 565052 | 1015 | 54074 | 175 | 44580 | 141 | 254 | 2 | 52 | 1 | 975 | 11 | 3817 |
| كورلا شەھىرى | 343746 | 97978 | 231077 | 62 | 8315 | 7 | 3918 | 126 | 211 | 2 | 36 | 1 | 685 | 6 | 1322 |
| بۈگۈر ناھىيىسى | 86315 | 75846 | 10087 | 4 | 329 | 0 | 11 | 4 | 1 | 0 | 0 | 0 | 14 | 0 | 19 |

| رايون ئاتىرىسى | جەمئىي | ئۇيغۇر | خەنزۇ | قازاق | خۇيزۇ | قىرغىز | موڭغۇل | شىبە | رۇس | تاجىك | ئۆزبېك | تاتار | مانجۇ | داغۇر | باشقىلار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| لوپنۇر ناھىيىسى | 97143 | 27255 | 69104 | 14 | 497 | 0 | 12 | 0 | 4 | 0 | 8 | 0 | 31 | 5 | 213 |
| چاقىلىق ناھىيىسى | 28786 | 11100 | 16789 | 0 | 622 | 0 | 10 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 4 | 0 | 261 |
| چەرچەن ناھىيىسى | 52651 | 40603 | 11923 | 1 | 101 | 0 | 6 | 2 | 0 | 0 | 0 | 0 | 2 | 0 | 13 |
| يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى | 117804 | 33658 | 53667 | 27 | 27075 | 79 | 2779 | 0 | 6 | 0 | 8 | 0 | 65 | 0 | 440 |
| خېجىڭ ناھىيىسى | 168888 | 38757 | 93441 | 870 | 6088 | 82 | 28617 | 7 | 20 | 0 | 0 | 0 | 117 | 0 | 889 |
| خوشۇت ناھىيىسى | 61861 | 8514 | 42119 | 33 | 5592 | 0 | 5192 | 1 | 12 | 0 | 0 | 0 | 45 | 0 | 353 |
| باغراش ناھىيىسى | 55065 | 8399 | 36845 | 4 | 5455 | 7 | 4035 | 1 | 0 | 0 | 0 | 0 | 12 | 0 | 307 |
| **ئاقسۇ ۋىلايىتى** | 2013456 | 1502311 | 485833 | 132 | 13235 | 8200 | 462 | 73 | 118 | 6 | 84 | 12 | 420 | 0 | 2570 |
| ئاقسۇ شەھىرى | 516761 | 203542 | 305723 | 59 | 4631 | 172 | 384 | 51 | 72 | 3 | 28 | 3 | 253 | 0 | 1840 |
| ئونسۇ ناھىيىسى | 204055 | 156355 | 42989 | 0 | 830 | 3575 | 11 | 1 | 3 | 0 | 0 | 0 | 13 | 0 | 278 |
| كۇچا ناھىيىسى | 370636 | 334631 | 33698 | 30 | 1972 | 91 | 32 | 9 | 20 | 1 | 18 | 0 | 42 | 0 | 92 |
| شايار ناھىيىسى | 190656 | 161642 | 27286 | 7 | 1581 | 49 | 0 | 0 | 15 | 0 | 0 | 0 | 9 | 0 | 67 |
| توقسۇ ناھىيىسى | 134355 | 127630 | 6458 | 7 | 190 | 9 | 1 | 0 | 8 | 2 | 0 | 4 | 2 | 0 | 24 |
| باي ناھىيىسى | 193009 | 167833 | 23434 | 7 | 760 | 909 | 10 | 4 | 0 | 0 | 1 | 0 | 9 | 0 | 42 |
| ئۈچتۇرپان ناھىيىسى | 175186 | 157962 | 11619 | 0 | 2138 | 3349 | 0 | 0 | 0 | 0 | 32 | 1 | 3 | 0 | 82 |
| ئاۋات ناھىيىسى | 188695 | 153616 | 33660 | 22 | 1122 | 6 | 24 | 8 | 0 | 0 | 5 | 4 | 89 | 0 | 139 |
| كەلپىن ناھىيىسى | 40123 | 39100 | 966 | 0 | 11 | 40 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 6 |
| **قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى** | 432373 | 276419 | 22984 | 57 | 417 | 127662 | 27 | 2 | 1 | 4593 | 71 | 18 | 29 | 0 | 93 |
| ئاتۇش شەھىرى | 190882 | 155705 | 13071 | 31 | 138 | 21785 | 24 | 1 | 1 | 24 | 8 | 0 | 27 | 0 | 67 |
| ئاقتۇ ناھىيىسى | 163789 | 111174 | 3727 | 0 | 192 | 44068 | 3 | 0 | 0 | 4569 | 24 | 18 | 0 | 0 | 14 |
| ئاقچى ناھىيىسى | 34579 | 1591 | 2540 | 19 | 56 | 30368 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 5 |
| ئۇلۇغچات ناھىيىسى | 43123 | 7949 | 3646 | 7 | 31 | 31441 | 0 | 1 | 0 | 0 | 39 | 0 | 2 | 0 | 7 |

| رايون ئايرىمىسى | جەمئىي | ئۇيغۇر | خەنزۇ | قازاق | خۇيزۇ | قىرغىز | موڭغۇل | شىبە | رۇس | تاجىك | ئۆزبېك | تاتار | مانجۇ | داغۇر | باشقىلار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| **قەشقەر ۋىلايىتى** | 3341536 | 2997539 | 293308 | 169 | 7521 | 5345 | 252 | 108 | 78 | 32975 | 2889 | 22 | 443 | 6 | 881 |
| قەشقەر شەھرى | 318890 | 258464 | 57331 | 41 | 1200 | 117 | 76 | 34 | 48 | 150 | 895 | 17 | 203 | 0 | 314 |
| قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى | 350962 | 335710 | 14331 | 3 | 31 | 757 | 3 | 0 | 0 | 10 | 100 | 0 | 0 | 2 | 15 |
| قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى | 274261 | 254718 | 18823 | 9 | 187 | 433 | 3 | 5 | 4 | 3 | 42 | 4 | 6 | 4 | 20 |
| يېڭىسار ناھىيىسى | 214876 | 210213 | 3910 | 20 | 26 | 575 | 0 | 0 | 5 | 85 | 11 | 1 | 15 | 0 | 15 |
| پوسكام ناھىيىسى | 167398 | 126808 | 34085 | 1 | 2952 | 61 | 27 | 4 | 0 | 3385 | 3 | 0 | 18 | 0 | 54 |
| يەكەن ناھىيىسى | 613671 | 587851 | 21116 | 3 | 800 | 517 | 33 | 0 | 5 | 1985 | 1307 | 0 | 42 | 0 | 12 |
| قاغىلىق ناھىيىسى | 383664 | 350228 | 29804 | 21 | 575 | 926 | 4 | 10 | 1 | 1639 | 415 | 0 | 12 | 0 | 29 |
| مەكىت ناھىيىسى | 197297 | 162633 | 34393 | 2 | 229 | 0 | 10 | 1 | 1 | 4 | 4 | 0 | 10 | 0 | 10 |
| يوپۇرغا ناھىيىسى | 130362 | 122286 | 8037 | 0 | 38 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 1 |
| پەيزاۋات ناھىيىسى | 301462 | 290834 | 10527 | 13 | 17 | 6 | 6 | 0 | 0 | 0 | 18 | 0 | 24 | 0 | 17 |
| مارالبېشى ناھىيىسى | 357417 | 295752 | 59155 | 56 | 1450 | 201 | 90 | 52 | 14 | 61 | 94 | 0 | 113 | 0 | 379 |
| تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى | 31276 | 2042 | 1796 | 0 | 16 | 1752 | 0 | 2 | 0 | 25653 | 0 | 0 | 0 | 0 | 15 |
| **خوتەن ۋىلايىتى** | 1613793 | 1562965 | 47420 | 69 | 1321 | 797 | 41 | 7 | 8 | 878 | 42 | 7 | 38 | 1 | 199 |
| خوتەن شەھرى | 157495 | 130397 | 26220 | 28 | 651 | 25 | 18 | 3 | 8 | 15 | 21 | 3 | 24 | 1 | 81 |
| خوتەن ناھىيىسى | 251315 | 249933 | 1066 | 0 | 316 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 |
| قاراقاش ناھىيىسى | 394231 | 388945 | 5156 | 4 | 82 | 0 | 4 | 4 | 0 | 0 | 8 | 0 | 7 | 0 | 21 |
| گۇما ناھىيىسى | 211320 | 206882 | 2704 | 0 | 76 | 752 | 2 | 0 | 0 | 863 | 1 | 0 | 0 | 0 | 40 |
| لوپ ناھىيىسى | 228017 | 223646 | 4323 | 18 | 22 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 8 |
| چىرا ناھىيىسى | 131555 | 129606 | 1872 | 0 | 49 | 0 | 6 | 0 | 0 | 0 | 9 | 0 | 0 | 0 | 13 |
| كېرىيە ناھىيىسى | 206728 | 203580 | 2983 | 19 | 107 | 1 | 3 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 7 | 0 | 28 |
| نىيە ناھىيىسى | 33132 | 29976 | 3096 | 0 | 18 | 19 | 8 | 0 | 0 | 0 | 3 | 1 | 0 | 0 | 8 |

ئىزاھات: ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي سان 1999 ـ يىلدىكى نوپۇسنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈشتىن ئېلىنغان سانني كۆرسىتىدۇ. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرى ج خ ئورۇنلىرى مەلۇم قىلغان سانني كۆرسىتىدۇ.

ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى

# 1999 - يىلدىكى چوڭ ئىشلار

## 1 - ئاي

### 1 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېجۈەن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت قاتارلىق رەھبەرلەر بايرام مەزگىلىدە ئىش ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ ئىشلەۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچىلەر، ئەدلىيە كادىر - ساقچىلىرى، قوراللىق قىسىمنىڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرىدىن ھەممىسي ھال سورىدى، پېنسىيىگە چىققان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى يوقلاپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئاممىغا بولغان غەمخورلۇقى ۋە سالىمىنى يەتكۈزدى.

### 4 - كۈنى

△ كورلا شەھىرى، تۇرپان شەھىرى «جۇڭگودىكى مۇنەۋۋەر ساياھەت شەھىرى» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

### 7 - كۈنى

△ شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور پاي چەكلىك شىركىتى باش شۇجى جياڭ زېمىنغا تېلېگرامما يوللاپ، 1998 - يىلدىكى ئەلا نەتىجىلىرىنى دوكلات قىلدى. 1998 - يىلى «ئالاھىدە ترانسفورماتور» شىركىتىنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 500 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %104 ئاشتى، سېتىش كىرىمى 460 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %115 ئاشتى، پايدىسى 60 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %50 ئاشتى. كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 400 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، مەملىكەتتىكى ئوخشاش ساھە بويىچە 1 - بولدى.

### 8 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى ۋە «قوش ئىلغارلار» نى تەقدىرلەش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن قېيۇم باھاۋۇدۇن، مەتتىمىن زاكىر، ماۋ دېخۇالار يىغىنغا قاتناشتى.

### 9 - كۈنى

△ 1998 - يىلدىكى مەملىكەت بويىچە 10 نادىر ناخشا - مۇزىكا ئىجادىيەتچىلىرىنى مۇكاپاتلاش يىغىنى خەلق سارىيىدا ئۆتكۈزۈلدى.

### 13 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش خىزمىتى يىغىنى ئاچتى. يىغىندا يېڭى ۋەزىيەتكە ماسلىشىپ، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشتا يەنىمۇ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىسلاھاتىنى ۋە يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ تەرەققىياتىنى

---

نېفىتلىك، تارىم نېفىتلىكى، تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى، غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسىنىڭ نېفىت - گازلىقىنى تەكشۈرۈش ۋە ئۆزلەشتۈرۈشتە يېڭى ئىلگىرىلەشلەر بارلىققا كەلتۈرۈلدى. خام نېفىت ئېلىش ئىقتىدارى 2 مىليون 960 مىڭ توننا كۆپەيدى، يېزا ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشىنىڭ ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىدىمۇ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈش نىشانى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى. داۋاملاشتۇرۇلىدىغان باشقا 9 تۈردە يىل بېشىدا بېكىتىلگەن قۇرۇلۇش نىشانى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇلۇغچاتا سۇچىلىق تۈگۈنلۈك قۇرۇلۇشى 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى تاقاق چۈشۈرۈلۈپ، سۇ قاچىلىنىپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى، ئاساسىي دامبىنىڭ لايىھەدىكى مىقدارىنىڭ %90 ى پۈتكۈزۈلدى. قوشۇمچە دامبا ئاساسىي جەھەتتىن پۈتتى، سۇ باشلاپ توك چىقىرىش سىستېمىسىنىڭ توپا - تاش قۇرۇلۇشى ئاساسىي جەھەتتىن پۈتتى، قۇم ئېقىتىش ئۆتكۈزىدىن سۇ ئۆتۈشكە باشلىدى؛ ئۈرۈمچى - كۈيتۇڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولنىڭ يول يۈزىنى ياتقۇزۇش مىقدارىنىڭ %76 ى ئورۇندالدى؛ ئۈرۈمچى ئايرودرومىنى ئۆزگەرتىش، كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىدا ئايروپىلان كۈتۈش بىناسىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى پۈتتى، ھازىر ئۆي ئىچى ۋە سىرتى بېزىلىۋاتىدۇ؛ ئاقسۇ تەۋەسىدىن ئۆتىدىغان تاشيولنىڭ يول ئۇلىغا توپا دۆۋىلەش ئىشىنىڭ %85 ى تاماملاندى.

نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈشى بىلەن يېڭىدىن ئاشقان ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنىڭ ئاساسلىقلىرى مۇنۇلار: ئېچىلغان بوز يەر 23 مىڭ گېكتار، ئۆزگەرتىلگەن تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز 87 مىڭ گېكتار، توك يوللاش سىم يولى 267 كىلومېتىر/220 كىلوۋولت، تەبىئىي گاز تۇرۇبىسى 40 كىلومېتىر، تەبىئىي گاز ئىشلەتكەن ئائىلە 12 مىڭ، زاپاس ئاشلىق ساقلاش ئىقتىدارى 400 مىڭ توننا، يىللىق خام نېفىت ئېلىش ئىقتىدارى 2 مىليون 960 مىڭ توننا، تۆمۈريول تىجارەت مۇساپىسى 459 كىلومېتىر.

يالڭ يەبو

تېزلىتىش كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

### 13 — 15 - كۈنلىرى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم سىياسىي - قانۇن خىزمىتى يىغىنى ئاچتى. يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ 1998 - يىللىق سىياسىي - قانۇن خىزمىتى ئەسلەپ ئۆتۈلدى ۋە خۇلاسىلەندى، نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت تەھلىل قىلىنىپ، 1999 - يىللىق سىياسىي - قانۇن خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە مۇھىم سۆز قىلدى.

### 14 — 17 - كۈنلىرى

△ جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 2 - يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا «ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 2 - يىغىنىنىڭ سىياسىي قارارى» ۋە «دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى» ماقۇللاندى. يىغىندا جەمئىي 551 پارچە تەكلىپ تاپشۇرۇۋېلىندى. ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن يېپىلىش يىغىنىدا مۇھىم سۆز قىلدى.

### 15 - كۈنى

△ دۆلەتنىڭ «8 - بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدىكى نۇقتىلىق سەنئەت پەن تەتقىقات تۈرى — «جۇڭگو مىللەتلەر خەلق ئۇسسۇللىرى توپلىمى — شىنجاڭ تومى» رەسمىي نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى ھەمدە ئۈرۈمچىدە تارقىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

### 15 — 17 - كۈنلىرى

△ ئاپتونوم رايون يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش يىغىنى ئاچتى. يىغىندا 1998 - يىللىق يېزا ئىگىلىكى خىزمىتى خۇلاسىلەندى. 1999 - يىللىق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋە يېزا ئىقتىسادى خىزمىتىگە دائىر زور تەدبىرلەر مۇزاكىرە قىلىنىپ بېكىتىلدى، بۇنىڭدىن كېيىنكى يېزا ئىگىلىك ۋە يېزا ئىقتىسادى خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

### 16 - كۈنى

△ 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قىشلىق تەنھەرىكەت يىغىنىدا ئەرلەرنىڭ قارلىق تاغدا چاڭغا تېيىلىش مۇسابىقىسىدە شىنجاڭ ئالتاي كوماندىسىدىكى قازاق تەنھەرىكەتچى ئىرجان بىر مىنۇت 36 سېكۇنت 40 دەقىقىلىق ئومۇمىي نەتىجە بىلەن چېمپىيون بولۇپ، بىر ئالتۇن مېدال ئالدى، بۇ مەملىكەتلىك قىشلىق تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ قار ئۈستى مۇسابىقە تۈرىدە ئاپتونوم رايونىمىز ئالغان تۇنجى مېدالدۇر.

### 21 - كۈنى

△ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى چيەن چىچېن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى قازاقىستان زۇڭتۇڭى نەزەربايېفنىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمىغا قاتنىشىپ قايتىشىدا ئۈرۈمچىدە قىسقا ۋاقىت تۇردى.

### 25 — 31 - كۈنلىرى

△ ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات توغرىسىدىكى قارار ۋە باشقا قارارلار ماقۇللاندى. مۇھەممەت روزى ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تولۇقلاپ سايلاندى. ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن قاتارلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرى يىغىنغا قاتناشتى.

### 31 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايونلۇق ئوبلاست (شەھەر) باشلىقلىرى، ۋالىيلار يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا 1999 - يىللىق خىزمەتلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ۋە بۇ جەھەتتىكى مەسئۇلىيەت يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. جايلاردىن تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە سىياسەت - تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىشىنى چىڭ تۇتۇپ، پائال ھەرىكەتكە كېلىپ، پۈتۈن يىللىق تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى تولۇق ئورۇنداش ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرەش قىلىش تەلەپ قىلىندى.

## 2 - ئاي

### 1 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون دۆلەت كارخانىلىرىدا ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى يىغىنى ئاچتى. يىغىندا جايلار ۋە تارماقلاردىن گوۋۇيۈەن يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، دۆلەت كارخانىلىرىدا ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ۋە ئۇلارنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەپ، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىغا، كارخانىلاردىكى پېنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىققان خادىملارنىڭ ئاساسىي پېنسىيە پۇلىنى ۋاقتىدا تارقىتىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش تەلەپ قىلىندى.

△ ئۈرۈمچىدىن ئاقسۇغا تۇنجى يولۇچىلار پويىزى قاتنىدى.

### 2 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېت يىغىنى ئېچىپ، پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى

ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلدى.

△ ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، مەمۇرىي تەپتىش نازارىتى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىپ، 1998 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش مەمۇرىي تەپتىش ئورگانلىرى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلغان، قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن تىپىك 13 دېلونى ئېلان قىلدى.

## 3 — 5 - كۈنلىرى

△ ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 6 - ئومۇمىي يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ 1998 - يىلدىكى پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى خۇلاسىلەندى. 1999 - يىللىق پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتى مۇھاكىمە قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى.

## 4 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون پېشقەدەم كادىرلارنىڭ باھار بايرىمىنى كۈتۈۋېلىش چاي سۆھبىتى ئۆتكۈزۈپ، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان بىر قىسىم پېشقەدەم يولداشلارنى سۆھبەتكە چاقىرىپ، باھار بايرىمىنى بىرلىكتە تەبرىكلىدى. ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىتلار چاي سۆھبىتىگە قاتناشتى.

## 4 — 5 - كۈنلىرى

△ 5 مىليارد 300 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە باش زاۋۇتىنىڭ ئېتىلېن قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ يۈرۈشلەشمە قۇرۇلۇشى ھەمدە 2 - خىمىيىۋى ئوغۇت قۇرۇلۇشى دۆلەتنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

## 6 - كۈنى

△ شىنجاڭ ساياھەت گۇرۇھى، شىنجاڭ ساياھەت گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى رەسمىي قۇرۇلدى.

## 6 — 7 - كۈنلىرى

△ ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ھال سوراش ئەترەتلىرىنى باشلاپ، يول - يوللارغا بۆلۈنۈپ ۋىلايەت، ئوبلاستلارغا، قىسمەن كارخانىلارغا ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئائىلىلىرىگە بېرىپ، ئاممىدىن سەمىمىي ھال سورىدى. ئۇلار كارخانىلاردىكى قىيىنچىلىق ۋە ساقلانغان مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، قىيىنچىلىقى بار كارخانىلاردىن قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، ئالغا ئىلگىرىلەشنى، ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، باھار بايرىمىنى شاد - خۇراملىق بىلەن ئۆتكۈزۈشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن كارخانىلار قىيىنچىلىقى قانچە ئېغىر بولسا شۇنچە غەيرەتكە كېلىشى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش قىيىنچىلىقىنى ھەقىقىي ھەل قىلىشى، قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىشى كېرەك، دەپ تەكىتلىدى.

## 10 — 11 - كۈنلىرى

△ ئاپتونوم رايون بىرلىك سەپ بۆلۈمى باشلىقلىرى يىغىنى ئاچتى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ئىسمائىل تىلىۋالدى يىغىندا، بىرلىك سەپ خىزمىتىنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش جەھەتتىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، مىللەتلەر ۋە دىن خىزمىتىنى ھەقىقىي چىڭ تۇتۇش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىك سېپىنى مۇستەھكەملەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش يولىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى.

## 10 — 12 - كۈنلىرى

△ ئاپتونوم رايون تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقلىرى يىغىنى ئاچتى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، تەشۋىقات - ئىدىيىۋى خىزمەتتە ئاساسىي مېلودىيىنى داۋاملىق ياڭرىتىپ، تەشەببۇسكارلىق جېڭىنى ياخشى قىلىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ياخشى جامائەت پىكرى مۇھىتى ۋە پايدىلىق ئىدىيىۋى كاپالەت بىلەن تەمىن ئېتىش ئۈچۈن تىرىشىش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى.

## 11 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى 3 - ئومۇمىي يىغىن ئۆتكۈزۈپ، 1998 - يىللىق خىزمەتلەرنى خۇلاسىلىدى، كېيىنكى قەدەمدىكى خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ۋە مەسئۇلىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇردى، جايلار ۋە تارماقلارنى ئىشەنچنى چىڭىتىپ، قىيىنچىلىقتىن قورقماي ئىلگىرىلەپ، تۈرلۈك ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى چىڭ تۇتۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئورگان خىزمىتىنى ياخشىلاپ، 1999 - يىلدىكى تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئومۇميۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىشقا سەپەرۋەر قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت مۇھىم

سۆز قىلدى.

## 13 ـ كۈنى

△ ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت قاتارلىقلار دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان مۇئاۋىن ئۆلكە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پېشقەدەم كادىرلارنى يوقلاپ، ئۇلارنىڭ باھار بايرىمىنى تەبرىكلىدى.

## 14 ـ كۈنى

△ ئاپتونوم رايون، بىڭتۇەننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت، جاڭ ۋېنيۆ قاتارلىقلار شىنجاڭ ھەربىي رايونى، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ماۋۋا ئارمىيىسى، قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتىگە كېلىپ قىسىمدىكى ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەردىن ھال سورىدى.

## 16 ـ كۈنى

△ دېھقانلار كالېندارى بويىچە 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ھەممە كىشى ئۆز ئائىلىلىرىگە جەم بولدى. ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت قاتارلىقلار بايرامدا ئىشلەپچىقىرىش، خىزمەت ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ ئىشلەۋاتقان ھەر مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىدىن، دېجۇرنىلىق قىلىۋاتقان قىسىمنىڭ ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلىرىدىن، ج خ كادىر ـ ساقچىلىرىدىن ھال سورىدى. باھار بايرىمى ھەر مىللەت ھەربىيلىرى، خەلقى بىلەن بىللە ئۆتكۈزدى.

## 25 ـ كۈنى

△ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى جياڭ زېمىن جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريول قۇرۇلۇشىغا: «جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولى ئارقىلىق ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن بەخت يارىتايلى» دەپ بېغىشلىما يېزىپ بەردى.

# 3 ـ ئاي

## 3 — 13 ـ كۈنلىرى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئەسقەت كەرىمباي شىنجاڭ غەربىي ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكى تەكشۈرۈش ئۆمىكىنى باشلاپ، شاڭخەي، جياڭسۇ، جېجياڭغا بېرىپ تەكشۈرۈش ۋە ئۆگىنىشتە بولدى.

## 4 ـ كۈنى

△ 9 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەت خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 ـ يىغىنىغا قاتناشقان ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن بېيجىڭدا مەركەز ۋە شىنجاڭدىكى ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، گەرچە نۆۋەتتە شىنجاڭنىڭ «نېفىت، پاختىنى ئاساس قىلغان باھالىق ئۈستۈنلۈكىنى ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇش ئىستراتېگىيىسى بازارنىڭ قاتتىق خىرىسىغا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، شىنجاڭ خەلقى كۆز ئالدىدىكى ئوڭۇشسىزلىقتىن قورقمايدۇ. بىزنىڭ بۇ يىلقى تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداپ، دۆلەتكە تېگىشلىك تۆھپە قوشۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى خاتىرجەم قىلىشقا ئىشەنچىمىز كامىل، دېدى.

△ ئاپتونوم رايون «8 ـ مارت» ئاياللار بايرىمىنى خاتىرىلەش ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە «بەشتە ياخشى مەدەنىي ئائىلە» لەرنى تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى.

## 6 ـ كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىتتىپاق كومىتېتى ماۋ زېدۇڭنىڭ «لېي فېڭدىن ئۆگىنەيلى» دېگەن بېغىشلىمىسىنىڭ 36 يىللىقىنى ئەمەلىي ھەرىكەت ئارقىلىق خاتىرىلەش يۈزىسىدىن 10 مىڭلىغان ياش پىدائىينى كوچىلاردىكى قار ـ مۇز، ئەخلەتلەرنى تازىلاشقا، كوچا بويلىرىدىكى رىشاتكىلارنى سۈرتۈشكە، قانۇنسىز چاپلانغان ۋەرەقچىلەرنى ئادالاشقا ئۇيۇشتۇردى.

## 8 ـ كۈنى

△ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ زۇڭلىسى جۇ رۇڭجى 9 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 ـ يىغىنىدا شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ مۇزاكىرىسىگە قاتناشقاندا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى، مەركىزىي كومىتېت ھەرقانداق ئەھۋالدا شىنجاڭنىڭ كۈچلۈك ئارقا تېرىكى بولىدۇ. گەرچە نۆۋەتتە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بەزى ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، بىراق پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىلا بولىدىكەن، بۇ قىيىنچىلىقلارنى پۈتۈنلەي يېڭىپ كەتكىلى بولىدۇ، شىنجاڭنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى چەكسىز پارلاق، دېدى.

## 11 ـ كۈنى

△ مەملىكەتلىك 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 ـ يىغىنىغا قاتناشقان ئاپتونوم رايون رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت جۇڭگو، چەت ئەل مۇخبىرلىرىنىڭ بىرلەشمە زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا مۇنداق دېدى: دۆلەتنىڭ ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارغا مەدەت بېرىش سالمىقىنىڭ ئېشىشى ئارقىسىدا، شىنجاڭنىڭ قىياپىتىدە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر

بارلىققا كەلدى. نۆۋەتتە شىنجاڭدا ئىقتىساد تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ؛ جەمئىيەت مۇقىم بولۇۋاتىدۇ، مىللەتلەر ئىتتىپاق ئۆتۈۋاتىدۇ، خەلق تۇرمۇشى كۈندىن - كۈنگە ياخشىلانماقتا. شىنجاڭ خەلقىنىڭ مەملىكەت خەلقى بىلەن تەڭ قەدەمدە ھاللىق سەۋىيىگە كىرىشكە ئىشەنچى كامىل.

## 12 - كۈنى

△ پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىدىن جياڭ زېمىن، جۇ رۇڭجى، خۇ جىنتاۋ، ۋېي جيەنشىڭ، لى لەنچىڭ قاتارلىقلار بېيجىڭ جۇڭگو تىياتىرخانىسىدا چوڭ تىپتىكى مىللىي ناخشا - ئۇسسۇل «بىزنىڭ شىنجاڭ ياخشى جاي» نى كۆردى. ئويۇن ئاخىرلاشقاندا جياڭ زېمىن قاتارلىقلار سەھنىگە چىقىپ ئويۇننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەبرىكلىدى ھەمدە ئارتىسلار بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.

△ ئاپتونوم رايون ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىپ، 1999 - يىللىق ئىستېمالچىلار ھوقۇق - مەنپەئەت كۈنى پائالىيىتىنىڭ مۇھىم تېمىسى بىخەتەر، ساغلام ئىستېمالدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى، پائالىيەت ۋاقتىنىڭ 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 31 - كۈنىگىچە بولىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

△ ئاپتونوم رايوندا يەنە 15 مەھسۇلات «شىنجاڭنىڭ داڭلىق مەھسۇلاتى» دېگەن نامغا ئېرىشتى. بۇ شىنجاڭنىڭ 1994 - يىلدىن بۇيان جەمئىيەتكە تونۇشتۇرۇلغان 5 - تۈركۈم داڭلىق مەھسۇلاتلىرىدۇر.

## 22 - كۈنى

△ شىنجاڭ 2 - بىنەك ساناەت گۇرۇھى رەسمىي قۇرۇلدى. بۇ گۇرۇھ ئاپتونوم رايوندىكى بىنەك ساناەت، كوللېكتىپ ئىقتىسادي بىرلەشمىنىڭ مال - مۈلكى بەلۋاغ قىلىنىپ، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى بويىچە قۇرۇلغان.

△ ش ئۇ ئا ر ساياھەت مېھمانخانا كەسپى جەمئىيىتى قۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ھازىر چەتكە چېتىشلىق مېھمانخانىدىن 161 ى بار، ئومۇمىي كارىۋات سانى 35 مىڭ 616.

## 24 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم يەككە - خۇسۇسىي ئىگىلىكنى باشلاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىنى ئاچتى. يىغىندا 34 نازارەت، ئىدارىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى 12 خۇسۇسىي كارخانا ئىگىسى بىلەن ئاپتونوم رايوننىڭ غەيرىي ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ زور تەدبىرلىرى ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى. ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئەسقەت كەرىمباي يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەمدە سۆز قىلدى.

## 27 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون قۇربان ھېيتلىق كوللېكتىپ ھېيتلاش يىغىنى ئۆتكۈزدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن تەبرىك سۆزى قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

△ ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت، جاڭ ۋېنيۆ، جۇ شېڭتاۋ، ئەسقەت كەرىمباي، جاڭ يۈنچۈەنلەر 5 يولغا بۆلۈنۈپ، پىنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىققان بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەت پېشقەدەم كادىرلىرىنى يوقلىدى ۋە ئۇلاردىن ھال سورىدى.

## 29 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم يولداش ۋۇ دېيۇڭگە «ئۈلگىلىك كومپارتىيە ئەزاسى» دېگەن شەرەپلىك نام بېرىشنى قارار قىلدى.

# 4 - ئاي

## 2 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى. ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن يىغىندا «مەركەزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان پارتىيىۋىلىك - پارتىيە ئىستىلى تەربىيىسىنى پۇختا، ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرايلى» دېگەن تېمىدا مۇھىم سۆز قىلدى. يىغىن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار بولۇپمۇ ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبەرلىك بەنزىلىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلارنى مەركەزنىڭ ۋە ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ تەلىپىگە بىنائەن «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىگە تولۇپ - تاشقان سىياسىي قىزغىنلىق بىلەن ئاتلىنىپ، ئىدىيە ۋە سىياسىي جەھەتتە روشەن ئىلگىرىلەپ، پارتىيىمىزنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيى روھىنىڭ ئىزچىل ئەمەلىيلىشىشىگە تېخىمۇ ياخشى كاپالەتلىك قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈشكە چاقىردى.

## 3 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى 1 - پەسىللىك ئىقتىسادىي ھەرىكەت ئەھۋالىدىن خەۋەرلەندۈرۈش يىغىنى ئاچتى. يىغىندا ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن

كۆچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇپ، بازارغا يۈزلىنىپ تەرەققىي قىلىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلىك قىلىش، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى كىشى بېشىغا يەنە 30 يۈەن ئازايتىش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى.

## 3 — 4 - كۈنلىرى

△ ئاپتونوم رايون تەشكىلىي خىزمەت يىغىنى ئاچتى، يىغىندا پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇپ، كادىرلار قوشۇنىنىڭ ساپاسىنى ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جۇ شېڭتاۋ يىغىندا، ھەر دەرىجىلىك تەشكىلات تارماقلىرى نەتىجىلەرنى جارى قىلدۇرۇپ، يەنىمۇ غەيرەت قىلىپ، ئومۇمىيەتنى تولۇق تونۇپ ۋە چۈشىنىپ، ئومۇمىيەت ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقىنى كۈچلۈك تەشكىلىي كاپالەت بىلەن تەمىن ئېتىش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى.

## 5 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ۋۇ دېگيۈن، رەيھان توختەم، جاڭ ۋېنجيې، خې يوڭشياڭ، جاۋ شەن، ئابدۇجېلىل ئاتاۋۇللا، جاڭ بىن، جاڭ شۆراڭ، مۇختار (قازاق)، لى ۋېيخۇڭ (ئايال، خۇيزۇ) قاتارلىق 10 كىشىگە «ئاساسىي قاتلامدا يىلتىز تارتىپ، خالىس تۆھپە قوشقان 10 نادىر چاكار» دەپ شەرەپلىك نام بېرىشنى قارار قىلدى ھەمدە ئۈرۈمچىدە تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت يىغىندا سۆز قىلىپ، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىنى 10 نادىر چاكاردىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇشقا چاقىردى.

△ ئاپتونوم رايونلۇق كادىرلار خىزمىتى يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ يۈنچۈەن ھەر دەرىجىلىك كادىرلار تارماقلىرى ئىقتىساد ۋە مۇقىملىق خىزمىتىنى دەۋرىي قىلىپ، تۈرلۈك كەسىپلەرنى نۇقتىلىق قانات يايدۇرۇپ، ئومۇمىي ئىختىساس ئىگىلىرى بايلىقىنى ئېچىش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇپ، كادىرلار خىزمىتىنىڭ تېخىمۇ زور رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى.

## 6 — 8 - كۈنلىرى

△ يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى، ماناس ناھىيىسىگە مەملىكەت بويىچە كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشىدىكى ئۈلگىلىك ناھىيە دەپ نام بېرىلدى.

## 7 - كۈنى

△ تارىم نېفتلىكى بىرلەشمە جېڭىنىڭ 10 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن دوكلات قىلىش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە سۆز قىلدى.

△ تارىم نېفتلىكى بىرلەشمە جېڭى ئېچىلىپ بېرىلگەن 10 يىلدىن بۇيان، جەنۇبىي بۆگۈر قاتارلىق 11 تولۇق نېفتلىك - گازلىق تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى، 39 سانائەت خاراكتېرلىك نېفت - گاز قۇرۇلمىسى بايقالدى، 3 نېفتلىك تۈپى ۋە 2 تەبىئىي گاز - يېنىك نېفت مول بولغان بەلۋاغ شەكىللەندى. جەمئىي تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان ھەم تىزگىنلەنگەن نېفت - گاز ئېكۋىۋالېنتى 852 مىليون توننىغا يەتتى.

△ جۇڭگو گېئولوگىيە كانچىلىق باش شىركىتى، جۇڭباۋ دەيمىڭدې پاي باشقۇرۇش شىركىتى، شىنجاڭ گېئولوگىيىلىك قېزىلما بايلىق قىدىرىپ تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىدارىسى، شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى شىركىتى، قابا ناھىيىلىك ئالتۇنچىلىق باش شىركىتىنىڭ پاي قوشۇشى بىلەن تەشكىللەنگەن شىنجاڭ ئاشىلى مىسچىلىق پاي چەكلىك شىركىتىنى قۇرۇشقا ئىمزا قويۇش مۇراسىمى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت مۇراسىمغا قاتناشتى ھەمدە سۆز قىلدى.

ئاشىلى مىس كېنى جۇڭگودا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بايقالغان ئەڭ چوڭ مىس بايلىقى بازىسىدۇر. ئاشىلى مىس كېنى قۇرۇلۇشىنىڭ تۇنجى قارارلىق كۆلىمىنى دۆلەت 870 مىليون يۈەن خەلق پۇلى قىلىپ تەستىقلىدى، قۇرۇلۇشنىڭ 2002 - يىلى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلىدىغانلىقى مۆلچەرلەندى.

## 8 - كۈنى

△ ئۈرۈمچى رايونلار ئىقتىسادىي تەرەققىيات ھەمكارلىقى بويىچە مۇھاكىمە يىغىنى ئاياغلاشتى. ئۈرۈمچى، سانجى، قۇمۇل، تۇرپان، شىخەنزىدىن ئىبارەت 5 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر رايون چېكىنى بۇزۇپ تاشلاپ، زىچ ھەمكارلىشىپ، چوڭ بازارغا كىرىش، كەڭ ئېچىۋېتىش، كەڭ ھەمكارلىشىش، راسا تەرەققىي قىلىش يولىغا مېڭىپ، رايون ئىقتىسادىنىڭ ئومۇمىي كۈچىنى ۋە بازاردا رىقابەتلىشىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرماقچى بولدى.

## 9 - كۈنى

△ شىنجاڭ خەلقئارا ئوقەتچىلىك پاي چەكلىك شىركىتى قۇرۇلدى، بۇ — ئاپتونوم رايوننىڭ يەرلىك كارخانىلىرى ئىچىدىكى تاشقى سودا كارخانىسى ئاساسىي گەۋدە قىلىنىپ، تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلىپ قۇرۇلغان ھەم پاي چېكى تارقىتىدىغان تۇنجى پاي شىركىتى، ئۇ ئاپتونوم رايوننىڭ دۆلەت تاشقى سودا كارخانىلىرى ئىسلاھاتىدا پۇختا قەدەم

تاشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

### 10 - كۈنى

△ جۇڭگونىڭ شىنجاڭ بىلەن روسىيە فېدېراتسىيىسى ئالتاي چېگرا رايونى 4 تەرەپلىك ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالىدى.

### 13 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايوننىڭ يەككە - خۇسۇسىي ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى تۇرپان شەھىرىدە ئېچىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئەسقەت كەرىمباي سۆزىدە، 5 يىل تىرىشىش ئارقىلىق شىنجاڭدا يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىنى مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈش ياكى ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇۋېتىش ھەمدە بىر تۈركۈم چوڭ كارخانىلارنى ياكى كارخانا گۇرۇھلىرىنى، يۇقىرى پەن - تېخنىكا بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، باج تاپشۇرىدىغان چوڭ ئائىلىلەرنى تىرىشىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشىش، ئۇلارنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى رولىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى.

### 15 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت قاتارلىقلار 12 مىڭ ھەر مىللەت كادىر، ئاممىسى بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ يامالىق تېغىدىكى كۆكەرتىش بازىسىغا بېرىپ، ئەتىيازلىق كۆچەت تىكىپ، ئورمان بەرپا قىلىش پائالىيىتىگە قاتناشتى.

### 15 — 16 - كۈنلىرى

△ ئاپتونوم رايونلۇق مەركىزىي ئەمگەك كۈچى بازىرىدا ئەتىيازلىق ئىشچى قوبۇل قىلىش - تەكلىپ قىلىش بويىچە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، ئەمگەك بازىرى 3707 ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئورنى بىلەن تەمىنلىدى، بۇنىڭغا 3622 ئادەم قوبۇل قىلىنماقچى بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىش ئورنىدىن قالغانلار 524.

### 18 - كۈنى

△ ئۈرۈمچىدىن ئالاتاۋ ئېغىزىغا قوش قەۋەتلىك ئېسىل ساياھەت پويىزى قاتنىدى.

### 20 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى يىغىن ئېچىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى نۆۋەتتە 10 ياشقا نادىر ياش ئىش ئورنى ماھىرى دەپ، 10 ياشقا نادىر مەدەنىي ياش دەپ نام بەردى ۋە ئۇلارنى تەقدىرلىدى.

### 23 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى «ئاپتونوم رايوننىڭ 17 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش پىكرى» نى تارقاتتى.

△ ئاپتونوم رايون تۇنجى تۈركۈمدە ئېتىراپ قىلىنغان 30 داڭلىق تاۋار ماركىسىنى ئېلان قىلدى.

### 27 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ۋۇ دېڭيۈن، جاڭ ۋەنجېيگە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتىدىكى ئۈلگە» دەپ نام بېرىشنى قارار قىلدى.

### 28 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى 1 - ماينى تەبرىكلەش ۋە ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى. يىغىندا 3 كوللېكتىپ، 5 ئىسمىنا - گۇرۇپپا «مەملىكەت بويىچە 1 - ماي ئەمگەك تەقدىرنامىسى» غا، 19 كىشى مەملىكەت بويىچە 1 - ماي ئەمگەك مېدالى» غا، 10 كوللېكتىپ، 22 ئىسمىنا - گۇرۇپپا «شىنجاڭنى ئېچىش - گۈللەندۈرۈش تەقدىرنامىسى» گە، 51 كىشى «شىنجاڭنى ئېچىش گۈللەندۈرۈش مېدالى» غا ئېرىشتى.

## 5 - ئاي

### 3 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايونلۇق «4 - ماي» ھەرىكىتىنىڭ 80 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنى شىنجاڭ خەلق سارىيىدا ئۆتكۈزۈلدى. پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ۋە بىڭتۇەن رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت قاتارلىقلار سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايوننىڭ جاي - جايلىرىدىن كەلگەن ھەر مىللەت، ھەر ساھە ياشلىرى، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، پېشقەدەم قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرى، پېشقەدەم 8 - ئارمىيە جەڭچىلىرى، پېشقەدەم كادىرلار ھەم ئالاقىدار بۆلۈم، كومىتېتلار، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ۋەكىللىرى ۋە مۇھاجىرلار ساھەسىنىڭ ۋەكىللىرى خەلق سارىيىغا جەم بولۇپ، «4 - ماي» روھىنى كەڭ - كۈشادە سۆزلىشىپ، ئەسىر ھالقىيدىغان ياشلارنىڭ زىممىسىدىكى تارىخىي بۇرچنى ئورتاق بايان قىلىشتى.

### 5 - كۈنى

△ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت قەشقەر ۋىلايىتىنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، پۇرسەتنى تۇتۇپ، ئىتتىپاقلىقنى تەكىتلەپ، مۇقىملىق ئۈستىدە ئىزدىنىپ، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى. ئۇ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى 56 مىللەت بىر ئائىلە، ھەممىسى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ

ئوغۇل - قىزلىرى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش — ھەر بىر كىشىنىڭ مەسئۇلىيىتى. ھەر مىللەت خەلقى باراۋەرلىك ئاساسىدا ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆزئارا ياردەملىشىپ، ئورتاق گۈللىنىش يولىغا مېڭىش كېرەك، دېدى.

△ بېيجىڭدا ئېچىلغان 2 - قېتىملىق مەملىكەتلىك ھەر مىللەت ياشلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى بويىچە ئۈلگىلىك كوللېكتىپ ۋە شەخسلەر ۋەكىللىرى سۆھبەت يىغىنىدا، ئاپتونوم رايوندىن 5 كوللېكتىپ ۋە 13 شەخسكە «مەملىكەتلىك 2 - قېتىملىق ھەر مىللەت ياشلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە ئۈلگىلىك كوللېكتىپ (شەخس)» دەپ نام بېرىلدى.

### 6 - كۈنى

△ جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولىغا رېلىس ياتقۇزۇلۇپ بولدى. جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولى دۆلەتنىڭ 9 - بەش يىللىق پىلانىدىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇش بولۇپ، شەرقتە تورپاندىن باشلىنىپ، غەربتە قەشقەر شەھىرىگە بارىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1451 كىلومېتىر، بۇنىڭغا 6 مىليارد يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى. مۇشۇ ۋاقىتتا قەشقەرنى زىيارەت قىلىۋاتقان مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت رېلىس ياتقۇزۇشنى تامالاش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

### 8 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم 4 چوڭ بەنزە رەھبەرلىرىنىڭ سۆھبەت يىغىنىنى ئېچىپ، شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ جۇڭگونىڭ يۇگوسلاۋىيە ئىتتىپاقىدىكى ئەلچىخانىسىنى بومباردىمان قىلغان زوراۋانلىقىنى قاتتىق ئەيىبلىدى.

### 8 — 12 - كۈنلىرى

△ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرساھە، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى بەس - بەس بىلەن يىغىلىپ سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ زوراۋانلىقىنى ئەيىبلىدى. ئۇلار دۆلەتنىڭ توپ مەنپەئىتىنى ئاساس قىلىپ، مۇقىملىق ئومۇمىيىتىنى ئاڭلىق قوغداپ، قەلبىدىكى كۈچلۈك غەزەپ - نەپرىتىنى ۋەتەننى گۈللەندۈرۈشنىڭ كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە ئايلاندۇرۇشقا بەل باغلىدى.

### 9 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىغا ئېتىراز بىلدۈرۈش تېلېگراممىسى يوللاپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ كەسكىن باياناتىنى قەتئىي قوللىدى، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ ۋەھشىيانە زوراۋانلىقىغا قاتتىق ئېتىراز بىلدۈردى ۋە ئۇنى ئەيىبلىدى.

### 10 - كۈنى

△ لەنجۇ ھەربىي رايونى سىمخانا چېگرا مۇداپىئە لىيەنىگە «غەربىي چېگرىنى قوغدىغۇچى ئۈلگىلىك لىيەن» دەپ نام بەردى. نام بېرىش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى.

### 15 - كۈنى

△ش ئۇ ئا ر پارتكوم نازارەت، ئىدارە دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ جۇڭگونىڭ يۇگوسلاۋىيە ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق خادىملىرىنى قارشى ئېلىش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى يەتكۈزدى ۋە ئۆگەندى. ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن يىغىندا سۆز قىلىپ، مەركەزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، تىنچ، ئىتتىپاق بولغان چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى ئاڭلىق قوغداپ، ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇشنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى.

### 18 - كۈنى

△ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىياسىي - قانۇن ئىنستىتۇتى ۋىۋىسكا ئاستى، بۇ ئىنستىتۇت شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەسلىدىكى سىياسىي فاكۇلتېتى بىلەن قانۇن فاكۇلتېتىنىڭ بىرلىشىشى بىلەن قۇرۇلغان.

### 20 — 22 - كۈنلىرى

△ كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق 9 - قۇرۇلتىيى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت قاتارلىقلار يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى، ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جۇ شېڭتاۋ يىغىندا تەبرىك سۆزى قىلدى. يىغىندا يېڭى نۆۋەتلىك رەھبەرلىك ئاپپاراتى سايلاپ چىقىلدى.

### 21 - كۈنى

△ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى مۇكاپاتلاش يىغىنى ئېچىپ، 5 - نۆۋەتلىك ئاپتونوم رايونلۇق مۇنەۋۋەر تەبىئىي پەن ئىلمىي ماقالىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچىلەرگە گۇۋاھنامە ۋە مۇكاپات تارقاتتى.

### 22 - كۈنى

△ 99 ' «يېزا ئىگىلىك بانكىسى لوڭقىسى» مەملىكەتلىك مارافون لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى ۋە خەلقئارا مارافون تەكلىپ مۇسابىقىسى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى.

### 27 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم مۇئاۋىن نازارەت دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلار يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ مۇھىم يوليورۇقىنى يەتكۈزدى، مۇقىملىق خىزمىتى ۋە ئىقتىسادىي خىزمەتنى ئورۇنلاشتۇردى. ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ۋە سۆز قىلدى.

### 28 - كۈنى

△ مەملىكىتىمىزنىڭ ئۆزىمىز لايىھىلىگەن تۇنجى ئاپتوماتىك پاختا تېرىش ماشىنىسىنى شىنجاڭ كومبايىن گۇرۇھىدا دۇنياغا كەلدى. (3) 2 — 4MJ تىپلىق ئاپتوماتىك پاختا تېرىش ماشىنىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى مەملىكىتىمىزدە پاختا تېرىش ماشىنىسى ياساش جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇردى.

## 6 - ئاي

### 1 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى بىر قىسىم دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ مەسئۇللىرىنى سۆھبەتكە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايوندىكى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتىنىڭ ھالقىلىق باسقۇچىدا تەرەققىياتنى تېزلىتىش ۋە ئەمەلىي كۈچىنى زورايتىشنىڭ يېڭى يوللىرى ئۈستىدە ئىزدەندى. ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ يۈنچۈەن سۆھبەتكە قاتناشتى ھەمدە سۆز قىلدى.

△ رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە نازارىتى ھەممە يېزا - كەنتتە رادىئو ئاڭلىيالايدىغان، تېلېۋىزور كۆرەلەيدىغان بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش بويىچە تۇنجى تۈركۈمدىكى ئۈسكۈنىلەرنى تارقىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت مۇراسىمغا قاتناشتى ھەمدە «1 - ئىيۇل» دىن بۇرۇن تۇنجى تۈركۈمدىكى 209 يېزا، بازارغا رادىئو - تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

### 1 — 8 - كۈنلىرى

△ مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جۇ تيېنۇڭ باشچىلىقىدىكى 9 كىشى شىنجاڭنىڭ سۇ، تۇپراق بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئەھۋالى ئۈستىدە مەخسۇس تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

### 8 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون 4 - نۆۋەتلىك ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى مۇنەۋۋەر نەتىجىلەرنى مۇكاپاتلاش يىغىنى ئاچتى، ئاپتونوم رايون پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن قېيۇم باھاۋۇدۇن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە مۇكاپاتقا ئېرىشكۈچىلەرگە گۇۋاھنامە بەردى.

△ جۇڭگو شىنجاڭ بىلەن ئامېرىكا مېرتىن ئېنېرگىيە گۇرۇھى شېرىكلىشىپ داۋانچىڭنىڭ شامال ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ 20 مىڭ كىلوۋاتلىق گېنېراتور گۇرۇپپىسىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش توختامى ئىمزالاندى. بۇ تۈرگە 190 مىليون يۈەن خەلق پۇلى مەبلەغ سېلىنىدىغان، كاپىتالى 76 مىليون خەلق پۇلى بولىدىغان بولدى. كاپىتال ئىچىدە ئامېرىكا تەرەپنىڭ %70 نى ئىگىلەيدۇ.

### 9 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 1998 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تېخنىكا يېڭىلاشتا ئەلا نەتىجىگە ئېرىشكەن ئورۇن ۋە ئاساسلىق خادىملارنى مۇكاپاتلىدى، ئۇلارغا تېخنىكا يېڭىلاش بويىچە ئەلا نەتىجە تەقدىرنامىسى، گۇۋاھنامە ۋە مۇكاپات تارقاتتى.

### 10 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جاڭ ۋېنيۆ ئوبوروت، پۇل مۇئامىلە كارخانىلىرى سۆھبەت يىغىنىدا، ھازىرقى باسقۇچتا ئوبوروتنى ئۇتتىماي بولمايدۇ، ئوبوروت جانلانغاندىلا، ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىنىڭ ئىجىل تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولغىلى بولىدۇ، دەپ تەكىتلىدى.

### 11 -. كۈنى

△ ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت ئاپتونوم رايوننىڭ ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى تەقسىم قىلىش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يىغىنىدا، ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ۋەتەننىڭ ئەڭ ئېھتىياجلىق جايلىرىغا بېرىپ خىزمەت كۆرسىتىش - تۆھپە يارىتىشقا ئىلھاملاندۇردى.

### 17 - كۈنى

△ باش شۇجى جياڭ زېمىن غەربىي شىمالدىكى 5 ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننىڭ دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتى سۆھبەت يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى، ئۇ سۆزىدە، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، گەۋدىلىك قىيىنچىلىقلار- نى ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، ئۈزلۈكسىز يېڭى نەتىجىلەرنى يارىتىش ئۈچۈن تىرىشىش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن ئاپتونوم رايوندىكى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات ئەھۋالىنى

تونۇشتۇردى.

## 20 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون 4 چوڭ بەلبەنلىك «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى خۇلاسە يىغىنى ئاچتى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، مەركەز «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى كۆزىتىش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى جوڭ شۇچياۋلار يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى.

## 22 - كۈنى

△ ۋۇ دېڭيۈننىڭ ئىش - ئىزلىرىدىن دوكلات بېرىش ئۆمىكى بېيجىڭدا تۇنجى مەيدان دوكلات بەردى. دوكلات يىغىن قاتناشچىلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

## 23 - كۈنى

△ دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ۋۇ دېڭيۈنگە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى ئۈلگە» دەپ نام بېرىشنى قارار قىلدى.

## 24 - كۈنى

△ سەھىيە مىنىستىرلىكى بېقىندا «يولداش ۋۇ دېڭيۈندىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش ھەققىدە قارار» چىقىرىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى تېببىي داۋالاش - سەھىيە سىستېمىسىدىكىلەرنى يولداش ۋۇ دېڭيۈندىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇشقا چاقىردى.

△ شىنجاڭ 1 - ئاۋغۇست پولات - تۆمۈر چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ISO9002 خەلقئارالىق ئۆلچەم - سۈپەت سىستېمىسى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىپ رويخەتكە ئېلىندى.

## 25 - كۈنى

△ پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىدىن لى لەنچىڭ، مىڭ گۈەنگېن، زېڭ چىڭخۇڭلار بېيجىڭدا يولداش ۋۇ دېڭيۈننى ۋە ۋۇ دېڭيۈننىڭ ئىش - ئىزلىرىدىن دوكلات بېرىش ئۆمىكىنىڭ بارلىق ئەزالىرىنى سەمىمىي قوبۇل قىلدى. لى لەنچىڭ ۋۇ دېڭيۈننىڭ ئىلغار ئىش - ئىزلىرى ۋە ئالىيجاناب روھىغا يۇقىرى باھا بېرىپ، ئۇنى يېڭى دەۋردىكى كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ نەمۇنىسى دەپ ماختىدى.

## 26 - كۈنى

△ ج ك پ مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى، تەشۋىقات بۆلۈمى ۋە سەھىيە مىنىستىرلىكى بېيجىڭدا يولداش ۋۇ دېڭيۈننىڭ ئىش - ئىزلىرىنى ئۆگىنىش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى.

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى تارىخى» (1 - توم) نىڭ ۋە «شىنجاڭنىڭ ئازادلىقى» ناملىق رەسىملىك كىتابنىڭ نەشر قىلىنغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن سۆزىدە، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىپ، پارتىيىنى، ۋەتەننى سۆيۈش تەربىيىسىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك، دەپ كۆرسەتتى.

△ ئاپتونوم رايوندىكى زەھەر تاشلاتقۇزۇش بويىچە تۇنجى ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنى — شىخو زەھەر تاشلاتقۇزۇش بويىچە ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنى شىخو شەھىرىدە قۇرۇلدى.

## 27 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 78 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت قاتارلىق رەھبەرلەر يىغىنغا قاتناشتى. ۋاڭ لېچۈەن سۆزىدە، ئاپتونوم رايوندىكى كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلار ۋۇ دېڭيۈندىن ئۆگىنىپ، پارتىيىنىڭ تۈپ مەقسىتىنى ساداقەت بىلەن ئاڭلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، كىشىلىك ھاياتىنىڭ ئەڭ زور قىممىتىنى جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا ئىشقا ئاشۇرۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە بەخت يارىتىشى كېرەك، دەپ تەكىتلىدى.

## 28 - كۈنى

△ كادىرلار مىنىستىرلىكى، سەھىيە مىنىستىرلىكى يولداش ۋۇ دېڭيۈنگە «بېتيۈن مېدالى» بېرىشنى قارار قىلدى.

# 7 - ئاي

## 2 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر دۆلەت مۇداپىئە سەپەرۋەرلىك كومىتېتىنىڭ ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىلدى، يىغىندا دۆلەت مۇداپىئە سەپەرۋەرلىك خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش تەلەپ قىلىندى.

## 6 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى «يولداش جياڭ زېمىننىڭ '1 - ئىيۇل'، دا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىدىن جياڭ زېمىننىڭ «1 - ئىيۇل» دا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۆز رايونى، ئۆز سىستېمىسىنىڭ «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنى ياخشى تۈتۈشنى تەلەپ قىلدى.

## 8 — 12 - كۈنلىرى

△ 99' خېنەن مەھسۇلاتلىرى يەرمەنكىسى ئۈرۈمچى خەلقئارا كۆرگەزمە مەركىزىدە ئۆتكۈزۈلدى. خېنەن

مەھسۇلاتلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى ۋە مال بىلەن تەمىنلەش توختام سوممىسى 8 مىليارد 395 مىليون يۈەنگە، ئىقتىساد ـ تېخنىكا ھەمكارلىق توختام سوممىسى 160 مىليون يۈەنگە يەتتى.

## 9 ـ كۈنى

△ شىنجاڭ ھەربىي رايونى كاتتا پارات ئۆتكۈزدى، لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى گو بوشيوڭ شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى لى لياڭخۇينىڭ ھەمراھلىقىدا پارات قىسمىنى كۆزدىن كەچۈردى، ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، بىڭتۈەن رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت قاتارلىقلار پاراتنى كۆردى.

△ ئاپتونوم رايونلۇق ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىك بايلىقىنى كەسپلەشتۈرۈش مۇھاكىمە يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە مۇھىم سۆز قىلدى.

△ ش ئۇ ئا ر مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى يېتەكچىلىك كومىتېتى ئومۇمىي ئەزالار يىغىنى ئېچىپ، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى مۇھاكىمە قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى.

△ مېيىپ خەلقئارا ئۆي جاھازلىرى پاي چەكلىك شىركىتى قۇرۇلدى. بۇ شىركەت شىنجاڭ مېيىپ گۇرۇھى پاي تىزگىنلەيدىغان مېيىپ خەلقئارا ئۆي جاھازلىرى ياساش چەكلىك شىركىتىنىڭ تۈزۈلمىسىنى تولۇق ئۆزگەرتىش ئاساسىدا، تەشەببۇس قىلىش يولى بىلەن قۇرۇلغان. تەشەببۇس قىلغۇچىلار شىنجاڭ مېيىپ ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتى، تەيۈەن تېيشېڭ ياغاچ ئەسۋابلىرى زاۋۇتى پاي چەكلىك شىركىتى، غەربىي تەڭرىتاغ ئورمانچىلىق ئىدارىسى، ئالتاي ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ كۆكتوقاي ئورمانچىلىق مەيدانى، ش ئۇ ئا ر تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە مەبلەغ سېلىش شىركىتىدىن ئىبارەت.

## 11 ـ كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار ئىچىدىكى 1 ـ تۈركۈم ئورۇنلارنىڭ «ئۆچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، «ئۆچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى.

## 13 ـ كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى 4 ـ قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن ئېچىپ، ئالدىنقى يېرىم يىللىق خىزمەتنى تەھلىل قىلدى، كېيىنكى يېرىم يىللىق خىزمەتنى ئورۇنلاشتۇردى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت سۆزىدە، كېيىنكى يېرىم يىلدا يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتى، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى، تۇراقلىق مۇلۈككە مەبلەغ سېلىشتىن ئىبارەت 3 جەھەتتىكى خىزمەتنى نۇقتىلىق ئوبدان تۇتۇش كېرەك، دەپ كۆرسەتتى.

## 16 ـ كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋۇ دېگيۈننىڭ ئىش ـ ئىزلىرىدىن دوكلات بېرىش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. ۋاڭ لېچۈەن سۆزىدە، ۋۇ دېگيۈندىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تېپىنىڭ كۈچى ئارقىلىق ھەر مىللەت خەلقىنى ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى. ۋۇ دېگيۈننىڭ ئىش ـ ئىزلىرىدىن دوكلات بېرىش ئۆمىكى بېيجىڭ، شەندۇڭ، جياڭسۇ، شاڭخەي قاتارلىق جايلاردا سەييارە دوكلات بېرىپ، كۈچلۈك ئىنكاس قوزغاپ، ناھايىتى ياخشى تەشۋىقات ئۈنۈمى ھاسىل قىلدى.

## 19 ـ كۈنى

△ ئاپتونوم رايون قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ يۈنچۈەن قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى سىياسىغا ئەھمىيەت بېرىش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ ياخشى ئىشلەش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى.

## 20 — 22 ـ كۈنلىرى

△ ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى يىغىنى خوتەن شەھىرىدە ئېچىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن سۆزىدە، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن يۇقىرى ـ تۆۋەندىكىلەر بىر نىيەتكە كېلىپ نامراتلارنى يۆلەش جېڭىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر يېرىم يىلدىكى نامراتلارنى يۆلەش جېڭىدە قوللىنىلىدىغان 8 تۈرلۈك تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

## 21 ـ كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم جىددىي تېلېۋىزىيە، تېلېفون يىغىنى چاقىرىپ، مەركىزىي كومىتېتنىڭ «فالۇن گۇڭپىسى» مەسىلىسىنى بىرتەرەپ قىلىش ۋە ھەل قىلىشقا دائىر ھۆججەتلىرىنى يەتكۈزدى. ۋاڭ لېچۈەن سۆزىدە، بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكىنى پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىيىتىدىن، سىياسىي يۈكسەكلىكتىن تولۇق تونۇش كېرەك، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر سىياسىي مەسئۇلىيەتنى ھەقىقىي ئۈستىگە ئېلىپ، «فالۇن گۇڭپىسى» مەسىلىسىنى قەتئىي تۈردە مۇۋاپىق بىرتەرەپ قىلىشى كېرەك، دەپ تەكىتلىدى.

24 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كادىرلار ۋە ئامما مەركەزنىڭ تەدبىرىنى قەتئىي ھىمايە قىلىپ، «فالۇن گۇڭ»نى چوڭقۇر پاش قىلدى ۋە تەنقىد قىلدى. لى خۇڭجىنىڭ بىدئەت تەلىماتىنى قاتتىق سۆكتى، بىر قىسىم «فالۇن گۇڭ»نى مەشىق قىلغۇچىلار «فالۇن گۇڭ» تەشكىلاتىدىن ئېنىق چېكىنىپ ئايرىلدى.

△ ئۈرۈمچى قورۇقلۇق ئارمىيە ئىنستىتۇتى (ئۈرۈمچى ھەربىي تېببىي ئىنستىتۇتى) قۇرۇلدى. بۇ ئىنستىتۇت سابىق شىنجاڭ قورۇقلۇق ئارمىيە ئىنستىتۇتى ئۈرۈمچى شۆبىسى بىلەن لەنجۇ ھەربىي رايون تېببىي ئالىي تېخنىكومى قوشۇنى سەھىيە تەربىيىلەش چوڭ ئەترىتىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن قۇرۇلغان.

26 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرىشىت جۇڭگو خەلقئارا رادىئو ئىستانسىسى مۇخبىرلىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، دۆلىتىمىز قۇرۇلغان 50 يىلدىن بۇيان مەركەز، گوۋۇيۈەننىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقىدا شىنجاڭدا زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى، بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلگۈسى، 17 مىليوندىن ئارتۇق ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۇنىڭغا ئىشەنچى كامىل. مەن شىنجاڭنىڭ كەلگۈسىنىڭ چوقۇم تېخىمۇ گۈزەل بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن، دېدى.

29 - كۈنى

△ شىنجاڭ ھەربىي رايونى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 72 يىللىقىنى تەبرىكلەش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى.

△ شىنجاڭدىن چىقىدىغان 2 - ئوپتىك كابېل ئالاقىلىشىش قۇرۇلۇشى پۈتۈپ، جۇڭگو پوچتا - تېلېگراف باش ئىدارىسى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. شىنجاڭدىن چىقىدىغان 2 - ئوپتىك كابېل ئالاقىلىشىش قۇرۇلۇشى غەربتە ئۈرۈمچىدىن باشلىنىپ تۇرپان، كورلا، چاقىلىق ئارقىلىق چىڭخەي ئۆلكىسىدىكى گىرىم، شىنىڭلاردىن ئۆتۈپ، ئاخىرىدا گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ لەنجۇ شەھىرىگە تۇتىشىدۇ. بۇ لىنىيە ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى 22 شەھەردىن ئۆتىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 3580 كىلومېتىر كېلىدۇ، بۇ ئومۇمىي مۇساپىدە تورلۇق ئىدارە، پونكىتتىن 50 ى تەسىس قىلىندى.

30 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايونىنىڭ ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى نەتىجىلىرى كۆرگەزمىسى ۋە 99' جۇڭگو. ئۈرۈمچى (خەلقئارا) كومپيۇتېر ۋە يۇمشاق، قاتتىق دېتاللار مەھسۇلات كۆرگەزمىسى شىنجاڭ خەلقئارا كۆرگەزمە مەركىزىدە ئۆتكۈزۈلدى.

## 8 - ئاي

2 — 3 - كۈنلىرى

△ ئاپتونوم رايون ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ئاساسلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت مەسئۇللىرىنىڭ يىغىنى ئېچىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرىشىت «مەركەزنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، تۇرلۇك سىياسەتلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى چىڭ تۇتۇپ، مۇشۇ يىللىق ئىقتىسادىي تەرەققىيات نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلايلى» دېگەن تېمىدا مۇھىم سۆز قىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن سۆزىدە، مەركەزنىڭ «فالۇن گۇڭ» مەسىلىسىنى بىرتەرەپ قىلىش ۋە ھەل قىلىش توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشىنى قەتئىي ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىر نىيەتتە كۈچ چىقىرىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقىنى قوغداش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى.

5 — 14 - كۈنلىرى

△ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، ئاكادېمىيە باشلىقى لى تيېيىڭ شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى. لى تيېيىڭ ئىلى، بورتالا، ئالتاي قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلارنى كۆزدىن كەچۈردى.

6 - كۈنى

△ شەندۇڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىقىنى ۋە سىستېمىلار بويىچە نامراتلارنى يۆلەش ھەمكارلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش يىغىنىنىڭ خاتىرىسى شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ جىنەن شەھىرىدە رەسمىي ئىمزالاندى. بۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭ بىلەن شەندۇڭ ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىدۇ، شەندۇڭ سىستېمىلار بويىچە نامراتلارنى يۆلەش سالمىقىنى ئاشۇرىدۇ.

9 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى كەلكۈن ئاپىتى ئەھۋالى ھەققىدىكى دوكلاتنى ئاڭلىدى. ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرىشىت دوكلاتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، پۈتۈن جەمئىيەتتىكى كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى

تەلەپ قىلدى.

### 9 — 13 - كۈنلىرى

ئاپتونوم رايون 9 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىنى ئۆتكۈزدى.

### 10 - كۈنى

△ سانجىدىكى تۇنخې چاڭتوڭ شىركىتى ۋە شىخەنزىدىكى تۇنخې پەن - تېخنىكا - ئورمانچىلىق شىركىتىنىڭ كۈنىگە 2000 توننا پەمدۇر قىيامىنى بىر تەرەپ قىلالايدىغان ئىككى يۈرۈش ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى بىرلا ۋاقىتتا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. بۇنىڭ بىلەن تۇنخې گۇرۇھى شىركىتى يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى 68 مىڭ توننىلىق كۆلەمگە يەتكۈزۈپ، مەملىكەت بويىچە، ھەتتا ئاسىيا بويىچە پەمدۇر قىيامى پىششىقلايدىغان ئەڭ چوڭ كارخانا بولۇپ قالدى.

### 10 — 11 - كۈنلىرى

△ ئاپتونوم رايون غەيرىي ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بويىچە مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئەسقەت كەرىمباي يىغىندا غەيرىي ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك، دەپ كۆرسەتتى.

### 11 - كۈنى

△ ۋاڭ لېجۇەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ ساياھەتچىلىك قۇرۇلۇشى تۈرىنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، ساياھەتچىلىكنى كەسىپ قاتارىدا تەرەققىي قىلدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئۆزگىچە ئەۋزەل بايلىقىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئېچىش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى.

### 14 - كۈنى

△ شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ھەربىي مەشىق قىلغۇچى قىسمى كورلىدا داغدۇغىلىق پارات ئۆتكۈزدى. باش شتاب باشلىقى فۇ چۈەنيۇ، مۇئاۋىن باش شتاب باشلىقى ۋېي فۇلىن، لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى گو بوشيۇڭ، سىياسىي كومىسسارى ۋېن زۇڭرېن، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى لى لياڭخۇي، سىياسىي كومىسسارى جۇ يۈڭشۇن قاتارلىقلار پارات كۆرۈشكە قاتناشتى.

### 14 — 26 - كۈنلىرى

△ مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ ۋېنيۈەن مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزالىرىنى باشلاپ شىنجاڭغا كېلىپ، ئاپتونوم رايونىنىڭ «مىللىي رايونلارنىڭ ئاساسىي ماتېرىيالى» ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

### 16 - كۈنى

△ شىنجاڭ كۆچمە ئالاقە شىركىتى قۇرۇلدى. بۇ شىنجاڭ كۆچمە ئالاقە ئىشلىرىنىڭ بازارلىشىش ئەندىزىسىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەنگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

### 17 - كۈنى

△ شىنجاڭ ئورمانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى ليۇ يۈخۋا، كاندىدات تەتقىقاتچىسى ليۇ كاڭ، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ بىئولوگىيە - تۇپراق تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى ليۇ مىڭتىڭ ب د ت مۇھىت پىلانلاش مەھكىمىسى تارقاتقان ئەڭ ياخشى ئەمەلىيەت مۇكاپاتى — «يەر شارىدا تۇپراقنىڭ ئۇنۇمسىزلىشىشى ۋە قۇملىشىشىنى تىزگىنلەش بويىچە مۇۋەپپەقىيەت نەتىجىسى» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

### 19 - كۈنى

△ دۆلەت كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەد ئۈرۈمچىدە خەلق ئىشلىرى خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈرگەندە يېڭى ۋەزىيەتتىكى خەلق ئىشلىرى خىزمىتىنىڭ سەۋىيىسىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى.

### 19 — 24 - كۈنلىرى

△ 99' جۇڭگو غەربىي قىسىم خەلقئارا قۇرۇلۇش ۋە بېزەك ماتېرىياللىرى يەرمەنكىسى ئۈرۈمچىنىڭ خۇالىڭ سودا سارىيىدا ئۆتكۈزۈلدى. بۇ نۆۋەتتىكى يەرمەنكىدە پۈتۈشۈلگەن ئومۇمىي سومما 3 مىليارد 152 مىليون يۈەنگە يەتتى، يەرمەنكىگە 352 ئورۇن قاتناشتى.

### 20 — 21 - كۈنلىرى

△ دۆلەت كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەد شىمالىي شىنجاڭدىكى ئېغىر كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچرىغان رايونلارنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇ ئاپەت رايونىدىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنى 98' كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشنى ئاساس قىلىپ، يۇرت - ماكانىنى تېزراق قايتىدىن قۇرۇپ چىقىشى كېرەك، دەپ كۆرسەتتى.

### 26 — 31 - كۈنلىرى

△ 9 - نۆۋەتلىك جۇڭگو يىپەك يولى تۇرپان ئۈزۈم بايرىمى تۇرپاندا ئۆتكۈزۈلدى. بايرامدا پۈتۈشۈلگەن ئومۇمىي سومما 1 مىليارد 460 مىليون يۈەنگە يەتتى.

### △ 27 - كۈنى

ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى رەھبەرلىرىدىن ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق 5 ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ قازا قىلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنىنى ئۆتكۈزدى. ش ئۇ ئا ر

پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن سۆزدە، ھەر مىللەت خەلقىدىن ئۇلارنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى ئۈمىد قىلدى. مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ ئېنماۋ سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى ھەمدە سۆز قىلدى.

## 31 - كۈنى

△ ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونىنىڭ 2 - خىلدىكى پورتى رەسمىي ئېچىلدى.

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى ئېچىپ، 9 - ئايدا قانات يايدۇرۇلىدىغان تۈزۈمچە قېتىملىق پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشى تەربىيە ئېيى پائالىيىتىنى ئورۇنلاشتۇردى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جۇ شېڭتاۋ سۆزدە، ھەرقايسى تارماق، ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى ئاپتونوم رايوننىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، تولۇپ - تاشقان سىياسىي قىزغىنلىق ۋە ھەقىقەتنى ئىزلەپ، ئەمەلىي ئىشلەش خىزمەت ئىستىلى بىلەن پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىشى كېرەك، دەپ تەكىتلىدى.

# 9 - ئاي

## 1 - كۈنى

△ شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «مەملىكەت خەۋەرلىرى ۋە خەلقئارا خەۋەرلەر» پروگراممىسىنى شۇ كۈنى ئۇيغۇرچە، قازاقچە تەرجىمە قىلىپ كۆرسىتەلەيدىغان بولدى.

## 1 — 8 - كۈنلىرى

△ '99 ئۈرۈمچى تاشقى ئىقتىساد - سودا يەرمەنكىسى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى.

## 1 — 2 - كۈنلىرى

△ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى پىكرىنى ئاڭلىدى، ئۈرۈمچىدىكى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونىنى كۆزدىن كەچۈردى.

## 2 - كۈنى

△ ئۈرۈمچى شەھەر ئەتراپى نەنشەن مەنزىرە رايونىغا جايلاشقان 25 مېتىرلىق رادىئو تېلېسكوپى باھالاپ بېكىتىلىپ، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى. بۇ جۇڭگودا شاڭخەيدىكى شېشەن پونكىتى، چىڭخەيدىكى دېلىڭخا مىللىمېتىرلىق دولقۇن پونكىتىدىن كېيىن بېكىتىلگەن قۇرۇلغان ئەڭ چوڭ كالىبىرلىق ئاسترونومىيە رادىئو تېلېسكوپىدۇر.

## 3 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايوندىكى تۇنجى خەلقئارا 5 يۇلتۇزلۇق مېھمانخانا — ئۈرۈمچى كۈمۈش ئاستانە مېھمانخانىسى ۋۇجۇدقا كەلدى.

## 6 - كۈنى

△ شىنجاڭ پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشى، چىرىكلىككە قارشى كۈرەش نەتىجىلىرى كۆرگەزمىسى ئۈرۈمچىنىڭ نەنمېن تەنتەربىيە سارىيىدا ئۆتكۈزۈلدى، ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت قاتارلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى كۆرگەزمىنى كۆردى.

## 8 — 10 - كۈنلىرى

△ ئاپتونوم رايونلۇق 4 - نۆۋەتلىك خەلق ئەسكەرلىرى قۇرۇلتىيى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى.

## 8 — 17 - كۈنلىرى

△ مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاۋ نەنچى باشچىلىقىدىكى «ئەسىر ھالقىيدىغان يېشىللىقنى قوغداش ھەرىكىتى — ئورمانلىقنى كۆكلەرتىپ بۇلۇش» يۈرۈشلۈك تەشۋىقات پائالىيىتى تەشكىلىي ھەيئىتى شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى.

## 9 - كۈنى

△ شىنجاڭ ھەربىي رايونى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرگەنلىكىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ ئېنماۋ، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ سىياسىي كومىسسارى جو يۈڭشۇن يىغىندا سۆز قىلدى. 1949 - يىل 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىپ، شىنجاڭنى تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلغانلىقىدىن ئىبارەت غەلىبە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بېرىپ، ئىچكى - تاشقى ئەكسىيەتچىلەرنىڭ شىنجاڭنى ۋەتەننىڭ قوينىدىن پارچىلاپ چىقىشقا ئۇرۇنۇش سۇيىقەستىنى تارمار

قىلىپ، شىنجاڭ تارىخىدا يېڭى سەھىپە ئاچتى.

△ جۇڭگو شىندا مال - مۈلۈك باشقۇرۇش شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ئىش باشقارمىسى بىلەن شىنجاڭ باغراش قومۇشچىلىق (گۇرۇھى) چەكلىك شىركىتى قەرزنى پايغا ئۆزگەرتىش بويىچە ئىمزا قويۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. بۇ شىنجاڭدىكى تۇنجى قەرزنى پايغا ئۆزگەرتىش تۈرى ھېسابلىنىدۇ.

## 10 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايوندىكى ئاساسىي قاتلام خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋەكىللىرىدىن 8 كىشى ئابلەت ئابدۇرېشىت بىلەن كۆرۈشتى، ئۇلار نۆۋەتتىكى يېزا خىزمىتىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە يەككە - خۇسۇسىي ئىگىلىك، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى، مائارىپ تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر ئالماشتۇردى.

## 12 — 13 - كۈنلىرى

△ ئاپتونوم رايون ئەرزىيەت خىزمىتى يىغىنى ئاچتى. ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت يىغىندا سۆز قىلىپ، ئەرزىيەت خىزمىتىنى ئىجتىمائىي تەرەققىيات ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى.

## 13 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، ش ئۇ ئا ر خەق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى تەبرىكلىدى. ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىتلار يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە سۆز قىلدى.

## 13 — 14 - كۈنلىرى

△ ئاپتونوم رايون مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى بويىچە خۇلاسىلەش - تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قېيۇم باھاۋۇدۇن سۆزىدە، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قىلىپ، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشنى تەلەپ قىلدى.

## 15 - كۈنى

△ دۆلەتنىڭ 199 مىليون 770 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرى قەشقەر ئايرودرومىنىڭ ئۇچۇش رايونىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى. شۇنىڭ بىلەن قەشقەر ئايرودرومى ئۇچۇش رايونىنىڭ دەرىجىسى 4D دىن 4E غا كۆتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايرودروم شىنجاڭدىكى چوڭ تىپتىكى يولۇچىلار ئايروپىلانى ئۇچالايدىغان، قونالايدىغان 2 - ئايرودروم بولۇپ قالدى.

△ مەملىكەتلىك 7 - نۆۋەتلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى «بەش بىر قۇرۇلۇشى» نىڭ مۇكاپاتى ئېلان قىلىندى. ئاپتونوم رايوندىن تاللاپ ئەۋەتىلگەن 7 تۈردىكى 8 ئەسەر مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

## 15 — 20 - كۈنلىرى

△ تۇنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى مەدەنىيەت بايرىمى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى.

## 15 — 23 - كۈنلىرى

△ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى شۇ جيالۇ باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئاپتونوم رايوننىڭ «مەجبۇرىيەت مائارىپى قانۇنى» نى ئىزچىل يولغا قويۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

## 16 - كۈنى

△ شىنجاڭ ئىلى ئالاھىدە ھارىقى ئوقەتچىلىك پاي چەكلىك شىركىتى ئىلى ئالاھىدە ھارىقىنىڭ A پېيىدىن 67 مىليون 500 مىڭنى شاڭخەينىڭ ئاكسىيە بازىرىدا رەسمىي بازارغا سالدى، بۇ شىنجاڭدىن ھازىرغا قەدەر ئاكسىيە بازىرىغا كىرگەن 14 - شىركەت، بىڭتۇەندىن ئاكسىيە بازىرىغا كىرگەن 5 - شىركەت بولۇپ قالدى.

△ مەركىزىي مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى يېتەكچىلىك كومىتېتى تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى چاقىرىپ، مەملىكەت بويىچە مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇنلارنى تەقدىرلىدى. كورلا شەھىرى بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرى مەملىكەت بويىچە مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىشتىكى ئىلغار شەھەر؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك يەرلىك باج ئىدارە ئورگىنى قاتارلىق 15 ئورۇن مەملىكەت بويىچە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ئورۇن؛ ماناس ناھىيىسى قاتارلىق 14 ناھىيە، كەنت، بازار مەملىكەت بويىچە مەدەنىي كەنت - بازار بەرپا قىلىشتىكى ئىلغار ناھىيە (شەھەر)، بازار، كەنت؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك گاز باش شىركىتى ئىستېمالچىلار باشقۇرۇش ئورنى قاتارلىق 16 ئورۇن مەملىكەت بويىچە مەدەنىي ساھە بەرپا قىلىشتىكى ئىلغار ئورۇن بولدى.

## 17 - كۈنى

△ شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داڭلىق مەھسۇلاتلىرىنى بېكىتىش كومىتېتىنىڭ بېكىتىشى بىلەن 8 خىل يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى «شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىدىكى داڭلىق مەھسۇلات» دېگەن نامغا ئېرىشتى. ئۇلار: سايدۆڭ ماركىلىق كورلا نەشپۈتى، غەربىي دىيار ماركىلىق تاۋۇز ئۇرۇقى، تۇرپان ئالتۇنخانىش قوغۇنى ۋە ئۇرۇقسىز ئاق ئۈزۈمى،

خۇتۇبىي ماركىلىق ئاموت، تارباغاتاي دالىسى ماركىلىق ساپ زاراڭزا سافلاملىق يېمەكلىك يېغى، قومۇل چوڭ چىلىنى، سېمىز ئانار ماركىلىق ئالقات.

## 18 ـ كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى شىخەنزىدە تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، شىخەنزە شەھىرى، ئاقسۇ شەھىرى، غۇلجا شەھىرى، سانجى شەھىرىگە «ئاپتونوم رايون بويىچە باغۋارانلاشقان شەھەر»، كۈنەس ناھىيىسىگە «ئاپتونوم رايون بويىچە باغراۋانلاشقان ناھىيە بازىرى» دەپ نام بەردى.

## 20 ـ كۈنى

△ پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىدىن جياڭ زېمىن، لى پېڭ، لى لەنچىڭ قاتارلىقلار «شانلىق مۇساپە — جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۆرگەزمىسى» نى ئېكسكۇرسىيە قىلدى ھەمدە شىنجاڭ كۆرگەزمە رايونىنى كۆردى.

△ ئاپتونوم رايوننىڭ ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتى دۆلەتنىڭ ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش بويىچە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. ئاپتونوم رايون دۆلەتنىڭ ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش بويىچە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتكەن 23 ـ ئۆلكە ـ رايون بولۇپ قالدى. بىكتۇەن ياش، ئوتتۇرا ياشلىقلار ئارىسىدا ساۋاتسىزلىقنى ئاساسەن تۈگىتىش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇردى.

## 21 ـ كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش بىلەن بىرلىشىپ، خەلق سىياسىي كېڭىشى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى ئاچتى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ يۈنچۈەن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ۋە سۆز قىلدى. ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى جانابىلمۇ سۆز قىلدى.

## 23 ـ كۈنى

△ بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن 99' جۇڭگو خەلقئارا يېزا ئىگىلىك كۆرگەزمىسىدە شىنجاڭنىڭ 33 خىل دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتى ۋە پىششىقلاپ ئىشلەنگەن يېزا ئىگىلىك ـ قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتى داڭلىق مەھسۇلات دەپ باھالاپ بېكىتىلدى.

## 24 ـ كۈنى

△ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، دۆلەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خۇ جىنتاۋ «يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن يېزا ئىگىلىك ۋە يېزا ئىقتىسادى مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۆرگەزمىسى ۋە 99' جۇڭگو خەلقئارا يېزا ئىگىلىك كۆرگەزمىسى» نىڭ شىنجاڭ كۆرگەزمە رايونىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى ھەمدە خىزمەتچى خادىملار بىلەن سەمىمىي پاراڭلاشتى.

## 27 ـ كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم مۇئاۋىن نازارەت دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پارتىيىلىك كادىرلار يىغىنى ئېچىپ، 15 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى ۋە ئاپتونوم رايوندا 15 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى قانداق قىلىپ ئەستايىدىل ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشقا دائىر خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردى.

△ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەرنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلىدى.

## 30 ـ كۈنى

△ ئاپتونوم رايون جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى ئاچتى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى.

# 10 ـ ئاي

## 1 ـ كۈنى

△ ئاپتونوم رايون دۆلەت بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن داغدۇغىلىق ساليوت ـ ئەدەبىيات ـ سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزدى. پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت قاتارلىقلار سەنئەت كېچىلىكىگە قاتناشتى.

## 7 ـ كۈنى

△ جۇڭگو يېڭى يۇلتۇز نېفىت شىركىتى غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسى تارىم ئويمانلىقىدا 500 مىليون توننىلىق ئالاھىدە چوڭ تىپتىكى تولۇق نېفىتلىك ـ گازلىقنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىدى.

## 6 — 8 ـ كۈنلىرى

△ ئاپتونوم رايونلۇق 2 ـ نۆۋەتلىك مېيىپلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى.

## 8 ـ كۈنى

△ بىكتۇەن يىغىن ئېچىپ، بىكتۇەن قۇرۇلغانلىقىنىڭ 45 يىللىقىنى داغدۇغىلىق تەبرىكلىدى. يىغىنغا ش ئۇ ئا ر

پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، بىڭتۇەننىڭ قوماندانى جاڭ ۋېنيۈ رىياسەتچىلىك قىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت، بىڭتۇەننىڭ سىياسىي كومىسسارى ۋاڭ چۈەنيۇلار سۆز قىلدى.

## 11 - كۈنى

△ شىنجاڭ تاماكا زاۋۇتى ئىستىپاقداش گېنېرال گورۇھىنىڭ ۋىۋىسكا ئېسىش مۇراسىمى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، دۆلەت تاماكا مونوپولىيە ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ياڭ چۈەندې مۇراسىمغا قاتناشتى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت ۋە شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ باشلىقى لى چۈنتىڭلار گېنېرال گورۇھى شىنجاڭ تاماكا زاۋۇتىغا ۋىۋىسكا ئاستى.

## 11 — 19 - كۈنلىرى

△ شەندۇڭ ئۆلكىلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئۆلكە باشلىقى لى چۈنتىڭ، مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى لىن تىڭشىڭ باشچىلىقىدىكى شەندۇڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى ھەمدە مۇناسىۋەتلىك ئىشلار ئۈستىدە كېڭەشتى. 11 - كۈنى چۈشتىن كېيىن شەندۇڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى سۆھبەت ئۆتكۈزدى. ئىككى تەرەپ بىر - بىرىنى قوللاش، سىستېمىلار بويىچە نامراتلارنى يۆلەش جەھەتتە ھەمكارلىشىشقا ئوخشاش مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر ئالماشتۇردى. شەندۇڭ شىنجاڭغا 11 مىليون يۈەن نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى، 11 مىليون يۈەنلىك نامراتلارنى يۆلەش يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشياسى ئىئانە قىلدى ھەمدە 100 ئۈمىد باشلانغۇچ مەكتىپى قۇرۇشقا مەبلەغ ئاجراتماقچى بولدى (بۇنىڭغا كېتىدىغان مەبلەغ 20 مىليون يۈەن خەلق پۇلى).

## 12 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت «دۇنيا نوپۇسىنىڭ 6 مىلياردقا يەتكەن كۈنى» مۇناسىۋىتى بىلەن تېلېۋىزىيە نۇتقى سۆزلىدى.

## 16 - كۈنى

△ جۇڭگو 99' كۈنمىڭ دۇنيا باغۋەنچىلىك كۆرگەزمىسىنىڭ شىنجاڭ پائالىيەت ھەپتىلىكى باشلاندى.

## 20 — 25 - كۈنلىرى

△ تۇنجى نۆۋەتلىك 99' ئۈرۈمچى ئەسىر ئالتۇن كۈزى مەملىكەتلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى يەرمەنكىسى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى.

## 22 — 24 - كۈنلىرى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم 5 - نۆۋەتلىك پارتكوم 6 - ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، پارتىيە 15 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈردى، ئاپتونوم رايوننىڭ دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنىڭ نىشانى، ۋەزىپىلىرى ۋە ئاساسىي تەدبىرلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ بېكىتتى. ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىتلار يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى.

## 23 - كۈنى

△ باش شۇجى جياڭ زېمىن نامىنى يېزىپ بەرگەن ئاپتونوم رايونلۇق كۈتۈپخانا ئېچىلدى. ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىتلار كۈتۈپخانىنىڭ يوپۇقىنى ئاچتى، ۋاڭ لېچۈەن سۆز قىلدى.

## 24 - كۈندىن 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە

△ مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى چيەن جېڭيىڭ تارىم دەرياسى ۋادىسىنى تىزگىنلەش خىزمىتىنى تەكشۈردى ھەمدە ئاپتونوم رايون ۋە بىڭتۇەن رەھبەرلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىپ، تارىم دەرياسى ۋادىسىنى تىزگىنلەش خىزمىتىنىڭ چوڭ پىلانى ئۈستىدە كېڭەشتى.

## 26 - كۈندىن 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە

△ ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت شىنجاڭ ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ يۈننەن ئۆلكىسىنى كۆزدىن كەچۈردى ھەمدە 99' كۈنمىڭ دۇنيا باغۋەنچىلىك كۆرگەزمىسىنىڭ يېپىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

## 28 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى جاڭ ۋېنيۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تەيىنلەشنى، جاڭ يۇنچۈەننى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىدىن قالدۇرۇشنى قارار قىلدى.

# 11 - ئاي

## 1 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن بىڭتۇەن ئورگىنى، بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار كادىرلىرى يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلىپ، مەركىزىي كومىتېت ۋە ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ بىڭتۇەننىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش توغرىسىدىكى قارارىنى ئېلان قىلدى.

مەركىزىي كومىتېت جاڭ چىڭلىنى بىڭتۇەننىڭ قوماندانلىقىغا تەيىنلەشنى، جاڭ ۋېنيۈنىڭ بىڭتۇەننىڭ

قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىمەيدىغانلىقىنى، چېن دېمىڭنى بىڭتۈەننىڭ سىياسىي كومىسسارلىقىغا تەيىنلەشنى، ۋاڭ چۈەنيۈەننىڭ بىڭتۈەننىڭ سىياسىي كومىسسارلىقىنى ئۆتىمەيدىغانلىقىنى، جاڭ چىڭلىنى ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ ئەزالىقىغا، دائىمىي كومىتېت ئەزالىقىغا تەيىنلەشنى، ۋاڭ چۈەنيۈەننىڭ ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ ئەزالىقىنى، دائىمىي كومىتېت ئەزالىقىنى ئۆتىمەيدىغانلىقىنى قارار قىلدى.

ش ئۇ ئا ر پارتكوم چېن دېمىڭنى بىڭتۈەن پارتكومىنىڭ ئەزالىقى، دائىمىي كومىتېت ئەزالىقى، شۇجىلىقىغا تەيىنلەشنى، جاڭ چىڭلىنى بىڭتۈەن پارتكومىنىڭ ئەزالىقى، دائىمىي كومىتېت ئەزالىقى، مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا تەيىنلەشنى، ۋاڭ چۈەنيۈەننىڭ بىڭتۈەن پارتكومىنىڭ شۇجىلىقىنى، دائىمىي كومىتېت ئەزالىقىنى، ئەزالىقىنى ئۆتىمەيدىغانلىقىنى، جاڭ ۋېنيۈەننىڭ بىڭتۈەن پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىنى، دائىمىي كومىتېت ئەزالىقىنى، ئەزالىقىنى ئۆتىمەيدىغانلىقىنى قارار قىلدى.

## 2 - كۈنى

△ جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە ۋە جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى چىربىيە ناھىيىسىدىكى 3.5 مولۇق تەجرىبە رايونىدا كېۋەزنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتىنى 257.8 كىلوگرامغا يەتكۈزۈشتەك يېڭى رېكورتنى ياراتتى، بۇ رېكورت دۇنيانىڭ ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىسىگە يەتتى.

## 2 — 5 - كۈنلىرى

△ ش ئۇ ئا ر ئېتىز - ئېرىقنى ئورمانلاشتۇرۇشنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش گۇرۇپپىسى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، تۇرپان شەھىرى ئېتىز - ئېرىقنى ئورمانلاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشۇرغان، دەپ بېكىتتى، شۇنىڭ بىلەن تۇرپان ۋىلايىتىدىكى 2 ناھىيە، بىر شەھەر ئېتىز - ئېرىقنى ئورمانلاشتۇرۇشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلگە ئاشۇردى.

## 3 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قېيۇم باھاۋۇدۇن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ «211 قۇرۇلۇشى» نىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى خەلقئارا تەسىرگە ئىگە ئالدىنقى قاتاردىكى ئۇنىۋېرسىتېت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى.

## 4 - كۈنى

△ 4 - نۆۋەتلىك «شىنجاڭدىكى ئون كۆزگە كۆرۈنگەن ياش» نى تەقدىرلەش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. فەن شاۋلىڭ، رېقىپ ئىمىن، ليۇ جەنيۈن، جاڭ لياڭشەن، ئابدۇشۇكۇر مىجىت، ۋاڭ گودۇڭ (خۇيزۇ)، لى جيەنخۇڭ، باۋ لىداي (موڭغۇل)، لى ئەيجۈڭ، ئىلخان ئوسمانلار 4 - نۆۋەتلىك «شىنجاڭدىكى ئون كۆزگە كۆرۈنگەن ياش» بولۇپ باھالاندى.

## 5 - كۈنى

△ شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى تېببىي ئىنستىتۇتى قارىمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانا «مەملىكەت بويىچە يۈز ياخشى دوختۇرخانا» ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش پائالىيىتى. ۋۇشىكىسىنى ئېسىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

## 8 - كۈنى

△ شىنجاڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيە زاپاس پىيادە ئەسكەرلەر شىسى قۇرۇلدى. ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ئۇنۋان بېرىش بۇيرۇقى ئېلان قىلدى. شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى لى لياڭخۇي ئارمىيە بايرىقى بەردى.

## 9 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ۋە بىڭتۈەن رەھبەرلىرى سوچىيلىق مىنىستىرلىكى تەكشۈرۈش ئۆمىكى بىلەن شىنجاڭنىڭ سوچىيلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈستىدە سۆھبەت ئۆتكۈزدى. ئۇلار شىنجاڭنى راسا تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن سوچىيلىقنى راۋاجلاندۇرۇش كېرەك، دەپ ھېسابلىدى.

## 11 - كۈنى

△ مەملىكەتلىك «كۆزگە كۆرۈنگەن كەسپىي تېخنىكا ئىختىساس ئىگىلىرى» نىڭ ئىش - ئىزلىرىنى دوكلات قىلىش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى.

## 11 — 12 - كۈنلىرى

△ ئاپتونوم رايونلۇق تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ 1998 - يىللىق پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئورۇن ۋە شەخسلەر مۇكاپاتلاندى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت مۇھىم سۆز قىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قېيۇم باھاۋۇدۇن تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش خىزمىتى ھەققىدە دوكلات بەردى.

## 15 — 16 - كۈنلىرى

△ ئاپتونوم رايونلۇق مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش خىزمىتى يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ ۋېنيۈ سۆزىدە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە ھۆكۈمەت تارماقلىرى تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ، قاراشنى ئۆزگەرتىپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى يولغا قويۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن

بويىچە يۈرگۈزۈش خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى.

## 16 — 18 - كۈنلىرى

△ ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشى خىزمىتى يىغىنى كورلا شەھىرىدە ئېچىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جۇ شېڭتاۋ سۆزىدە، يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئومۇمىيۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى.

## 17 — 19 - كۈنلىرى

△ ئاپتونوم رايونلۇق ئىدىئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش بويىچە مۇھاكىمە يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قېيۇم باۋۇدۇن سۆزىدە، ھەر دەرىجىلىك كادىرلار، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلار ئىدىئولوگىيە ساھەسىدىكى سىگنال كىرىشكە، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيەتنى ئاڭلىق ئادا قىلىشى كېرەك، دەپ تەكىتلىدى.

## 19 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر سوتچىلىك جەمئىيىتى قۇرۇلدى.

## 22 - كۈنى

△ ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى تۆمۈريول مىنىستىرلىكى چۈشۈرگەن يىللىق ترانسپورت ۋەزىپىسىنى مۆددەتتىن 39 كۈن بۇرۇن ئورۇندىدى.

## 29 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى خىزمىتى يىغىنى چاقىرىپ، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلدى ۋە ئۇنى ئورۇنلاشتۇردى، ۋاڭ لېچۇەن مۇھىم سۆز قىلدى.

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ئاشلىق سېتىۋېلىش خىزمىتى تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى چاقىرىپ، دېھقانلارنىڭ ئېشىنچە ئاشلىقىنى كۆپلەپ سېتىۋېلىش سىياسىتىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تەكىتلىدى.

## 30 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە

△ ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنى ئېچىپ، مەركەزنىڭ ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇردى، 2000 - يىللىق ئىقتىسادىي خىزمەتنى ئورۇنلاشتۇردى. ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت مۇھىم سۆز قىلدى.

# 12 - ئاي

## 1 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت مەركەزدىكى ئاخبارات ئورۇنلىرى مۇخبىرلىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، شىنجاڭ دۆلەت غەربىي قىسمىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويغان پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەپ، ئۆز ئارتۇقچىلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، دېدى.

△ ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشى بويىچە 1 - مەسئۇللارنىڭ سۆھبەت يىغىنىنى ئاچتى. ئۇ يىغىندا جايلار، تارماقلارنىڭ پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشى بويىچە 1 - مەسئۇللاردىن بولغان 1 - قول پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئوبدان تۇتۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ چوڭقۇر ئېلىپ بېرىلىشىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك، دەپ تەكىتلىدى.

## 4 - كۈنى

△ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باشلىقى لى پېڭ ئاسىيا، ئافرىقىدىكى 6 دۆلەتكە قىلغان رەسمىي دوستانە زىيارىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى.

## 5 - كۈنى

△ جۇڭگو — قىرغىزىستان — ئۆزبېكىستان خەلقئارا تۆمۈريولىنىڭ مۇمكىنچىلىك تەتقىقاتى تاماملاندى. بۇ تۆمۈريول جۇڭگونىڭ غەربىدىكى مۇھىم شەھەر قەشقەردىن باشلىنىپ، قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىدىكى قاراسۇ ۋە جالالئابات ئارقىلىق ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىدىكى ئەنجانغا تۇتىشىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 577 كىلومېتىر، جۇڭگو زېمىنىدىكى ئۇزۇنلۇقى 166 كىلومېتىر.

## 6 - كۈنى

△ جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولى پۈتۈن لىنىيە بويىچە پۈتۈپ قاتناش باشلاندى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى

سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باشلىقى لى پېڭ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت، دۆلەت كومىسسارى ئىسمايىل ئەھمەد، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، تۆمۈريول مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى فۇ جىخۇەنلەر بىرلىكتە لېنتا كەستى. كومىتېت باشلىقى لى پېڭ مۇھىم سۆز قىلدى.

## 13 — 15 - كۈنلىرى

△ ئاپتونوم رايون پىلان خىزمىتى يىغىنى ئاچتى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت مۇھىم سۆز قىلدى.

## 15 - كۈنى

△ جۇڭگو - چەت ئەل شېرىكچىلىكىدىكى چەرچەن تۇڭشىلاڭ كانچىلىق چەكلىك شىركىتى ئىش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. غەربىي ياۋروپادىكى 2 - چوڭ كان مەھسۇلاتلىرى كارخانىسى ۋېيفۇ گۇرۇھى شىركىتى 18 مىليون 960 مىڭ دوللار مەبلەغ سېلىپ ئالتۇنتاغ مىس - سىنىك كېنىنى ئاچماقچى بولدى. ئالتۇنتاغدىكى قاتلىش مىس - سىنىك كېنىنىڭ چەرچەن ناھىيە بازىرىغىچە بولغان ئارىلىقى 155 كىلومېتىر كېلىدۇ، گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلار نازارىتى قىدىرىش، تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئارقىلىق رۇدا زاپىسىنىڭ مۇنداق بولىدىغانلىقىنى تەستىقلىدى: D+E دەرىجىلىك مىس - سىنىك رۇدىسىنىڭ مىقدارى 1 مىليون 220 مىڭ توننا، مىسنىڭ ئوتتۇرىچە دەرىجىسى %2.23، سىنكنىڭ ئوتتۇرىچە دەرىجىسى %2.33، بۇ كان مەملىكىتىمىزدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك مىس - سىنىك كېنى قاتارىغا كىرىدۇ.

## 18 - كۈنى

△ دۆلەت تەرەققىيات بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى قۇرۇلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت، دۆلەت تەرەققىيات بانكىسىنىڭ باشلىقى چېن يۈەن شۆبە بانكا ۋىۋىسكىسىنىڭ يوپۇقىنى ئاچتى.

## 18 — 20 - كۈنلىرى

△ ئاپتونوم رايوننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ھەر مىللەت ئامما بەس - بەستە خىلمۇخىل پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى تەبرىكلىدى.

## 23 — 25 - كۈنلىرى

△ شىنجاڭ 4 - قېتىملىق چېگرا مۇداپىئە خىزمىتى يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت، مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ ۋېنيۇ يىغىندا سۆز قىلدى.

## 24 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايونلۇق رەڭلىك پاختىنى كەسپىلەشتۈرۈش يىغىنىدا بۇنىڭدىن كېيىنكى 2 — 3 يىلدا رەڭلىك پاختا تېرىلغۇ كۆلىمىنى 33 مىڭ 300 گېكتارغا يەتكۈزۈش بەلگىلەندى. شىنجاڭدا رەڭلىك پاختىنى سىناق قىلىپ تېرىش ئىشى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى.

## 25 - كۈنى

△ جۇڭگو شىنجاڭ ئالتاي خەلقئارا قار - مۇز ساياھىتى سەنئەت بايرىمى رەسمىي باشلاندى.

## 26 - كۈنى

△ شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قۇرۇلدى. بۇ گۇرۇھنىڭ ئەزالىرى شىنجاڭ 1 -، 2 -، 3 -، 4 -، 5 -، 6 - بىناكارلىق شىركەتلىرى، بىناكارلىق ترانسپورتى، سانائەت ئۈسكۈنىلىرىنى قۇراشتۇرۇش، بىناكارلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى شىركىتى ھەمدە بىناكارلىق قىدىرىپ تەكشۈرۈش - لايىھىلەش، پەن تەتقىقات، مەتبەچىلىك، ئۆي - زېمىن تەرەققىيات ئورنى قاتارلىق 20 دىن ئارتۇق ئورۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 27 - كۈنى

△ شىنجاڭ ئالىملىرىدىن ۋۇ مىڭجۇ، لىيۇ شۇرېنلار جۇڭگو قۇرۇلۇش ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى بولۇپ سايلاندى، شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدىمۇ ئاكادېمىك بار بولدى.

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم سىياسىي - قانۇن خىزمىتى يىغىنى ئاچتى، يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت سۆز قىلدى.

## 28 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون مائارىپ خىزمىتى يىغىنى ئاچتى، ۋاڭ لېچۈەن مۇھىم سۆز قىلدى. يىغىندا مائارىپ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ساپا مائارىپىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

## 29 - كۈنى

△ شىنجاڭ تيەنچۈەن يۇڭ توقۇمىچىلىق (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ۋۇجۇدقا ئاشتى. بۇ شىركەت شىنجاڭ 2 -، 3 - يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىلىرى ۋە شىنجاڭ سانجى غەربىي دىيار يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدىن تەشكىل قىلىنغان. ئاپتونوم رايوندىكى يۇڭ توقۇمىچىلىق كەسپىي ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنىڭ %45ى، سېتىش كىرىمىنىڭ %69 ى بۇ شىركەتكە مەركەزلىشىدۇ، ئۇ ئىسمى - جىسمىغا لايىق باشلامچى تايانچ كارخانا بولۇپ قالىدۇ.

# يەرلىك نىزاملار

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بېقىۋېلىش قانۇنى» نى ئىجرا قىلىش توغرىسىدىكى قوشۇمچە بەلگىلىمىسى

(1999 - يىل 3 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 8 - يىغىنىنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بېقىۋېلىش قانۇنى› نى ئىجرا قىلىش توغرىسىدىكى قوشۇمچە بەلگىلىمىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارارى»غا ئاساسەن تۈزىتىلدى).

**1 - ماددا** بۇ بەلگىلىمە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بېقىۋېلىش قانۇنى» نىڭ 32 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈپ چىقىلدى.

**2 - ماددا** ئاز سانلىق مىللەت بېقىۋالغۇچىلىرى 2 بالا بېقىۋالسا بولىدۇ.

**3 - ماددا** يېتىم، مېيىپ بالىلارنى ياكى ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئاپپاراتى بېقىۋاتقان، ئۆز ئاتا - ئانىسى تېپىلمىغان تاشلاندۇق بوۋاق ۋە بالىلارنى بېقىۋېلىشتا بېقىۋالغۇچىلار پەرزەنتسىز بولۇش، 2 بالا بېقىۋېلىش دېگەن چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ.

**4 - ماددا** بۇ بەلگىلىمە نوپۇسى شىنجاڭدا بولغان ئاز سانلىق مىللەت بېقىۋالغۇچىلىرىنىڭ بالا بېقىۋېلىشىغا ۋە ئەر - خوتۇندىن بىرىنىڭ نوپۇسى شىنجاڭدا بولغان ئاز سانلىق مىللەت بېقىۋالغۇچىلىرىنىڭ بىرلىكتە بالا بېقىۋېلىشىغا تەتبىقلىنىدۇ.

**5 - ماددا** بۇ بەلگىلىمە ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ياشانغانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش نىزامى

(1999 - يىل 5 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى 9 - نۆۋەتلىك دائىمىي كومىتېتىنىڭ 9 - قېتىملىق يىغىنىنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ياشانغانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش نىزامى»غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارارىغا ئاساسەن تۈزىتىلدى).

### 1 - باب ئومۇمىي پرىنسىپ

**1 - ماددا** بۇ نىزام ياشانغانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش، ياشانغانلار ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، مىللەتلەرنىڭ ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، ئاسرايدىغان ۋە باقىدىغان ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقىنى جارى قىلدۇرۇش، ياشانغانلارنى كۈتۈنۈش، داۋالىنىش، بىرەر ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇش، ئۆگىنىش، خۇشال - خۇرام ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش، ئۇلارنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىكى رولىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇش مەقسىتىدە، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ياشانغانلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى» ۋە ئالاقىدار قانۇن - نىزاملارغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈپ چىقىلدى.

**2 - ماددا** بۇ نىزامدا ئېيتىلغان ياشانغانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتى ھەر مىللەت ياشانغانلىرىنىڭ قانۇن بويىچە بەھرىمەن بولىدىغان سىياسىي ھوقۇقى، دېموكراتىك ھوقۇقى، جىسمانىي ھوقۇقى، مال - مۈلۈك ئىگىدارلىق ھوقۇقى، ۋارىسلىق ھوقۇقى، ئەمگەك ۋە دەم ئېلىش ھوقۇقى،

نىكاھ ئەركىنلىكى ھوقۇقى، دۆلەت ۋە جەمئىيەتتىن ماددىي ياردەمگە ئىگە بولۇش ھوقۇقى، ئىجتىمائىي تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقى شۇنىڭدەك قانۇن، نىزاملاردا بەلگىلەنگەن باشقا ھوقۇقلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

**3 ـ ماددا** بۇ نىزامدا ئېيتىلغان ياشانغانلار 60 ياشتىن ئاشقان پۇقرالارنى كۆرسىتىدۇ.

**4 ـ ماددا** ياشانغانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى، بارلىق ئورگانلار، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، ئاساسىي قاتلام ئاممىۋى تەشكىلاتلار، ئائىلىلەر ۋە پۇقرالار بۇ نىزامغا ئەمەل قىلىشى شەرت.

**5 ـ ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى بۇ نىزامنى يولغا قويۇشقا مەسئۇل بولۇپ، ياشانغانلار ئىشلىرىنى خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىغا كىرگۈزۈشى، ياشانغانلار ئىشلىرى سېلىنمىسىنى تەدرىجىي كۆپەيتىشى ھەمدە جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى تەرەپلەرنى سېلىنما سېلىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، ياشانغانلار ئىشلىرىنى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلار بىلەن ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇشى لازىم.

ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ياشانغانلار خىزمىتىگە مەسئۇل ئاپپاراتى ياشانغانلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش خىزمىتىگە كونكرېت مەسئۇل بولىدۇ.

شەھەر ئاھالە كومىتېتى ۋە كەنت ئاھالە كومىتېتىدا ياشانغانلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش خىزمىتىگە مەسئۇل خادىم بولۇشى كېرەك.

**6 ـ ماددا** پۈتۈن جەمئىيەتتە ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەش، ئاسراش ۋە بېقىش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، ياشانغانلارغا ھۆرمەت قىلىش، كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ياردەم بېرىشتەك ئىجتىمائىي كەيپىياتنى تىكلەش؛ ياشانغانلارغا خالىس خىزمەت قىلىشنى تەشەببۇس قىلىش لازىم.

ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ياشانغانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش ۋە ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەش، ئاسراش، بېقىش، يۆلەشتە نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغان ئورۇن، ئائىلىلەر ياكى شەخسلەرنى تەقدىرلەيدۇ ۋە مۇكاپاتلايدۇ.

**7 ـ ماددا** ھەر يىلى 9 ـ ئاي ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەش تەشۋىقات ئېيى، 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ياشانغانلار بايرىمى بولىدۇ.

## 2 ـ باب ياشانغانلارنىڭ ئاساسىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتى ۋە مەجبۇرىيىتى

**8 ـ ماددا** ياشانغانلار قانۇندا بېرىلگەن سىياسىي ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولىدۇ، ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ ياشانغانلارنىڭ قانۇنلۇق سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشىنى چەكلىشىگە ياكى توسۇشىغا بولمايدۇ.

**9 ـ ماددا** ياشانغانلارنىڭ جىسمانىي ئەركىنلىكى ۋە ئادەملىك ئىززىتى قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ، ھەر قانداق كىشى ئۇنىڭغا دەخلى ـ تەرۇز قىلسا بولمايدۇ. ياشانغانلارنى ھاقارەتلەش، قارىلاش، ئۇرۇش ۋە خارلاش، تاشلىۋېتىش مەنئى قىلىنىدۇ؛ ياشانغانلارنى جىسمانىي ئەركىنلىكتىن قانۇنسىز مەھرۇم قىلىش ياكى ئۇنى چەكلەش مەنئى قىلىنىدۇ؛ ياشانغانلارنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان باشقا ھەر قانداق قىلمىش مەنئى قىلىنىدۇ.

**10 ـ ماددا** ياشانغانلارنىڭ قانۇنلۇق كىرىمى، ئۆيى، ئامانەت پۇلى، تۇرمۇش بۇيۇمى، مەدەنىيەت يادىكارلىقى، كىتاب ـ ماتېرىياللىرى، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى، دەل ـ دەرەخلىرى، چارۋا ماللىرى ۋە قانۇندا پۇقرالار ئىگىدارلىق قىلىشقا رۇخسەت قىلىنغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى شۇنىڭدەك باشقا قانۇنىي مال ـ مۈلكى قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ، ھەر قانداق كىشىنىڭ ئىگىلىۋېلىشىغا ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا بولمايدۇ.

**11 ـ ماددا** ياشانغانلار ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلكىگە ئۆزى ئىگە بولىدۇ، جۈملىدىن ۋەسىيەت قالدۇرۇش ۋە ھەدىيە قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قانۇنىي مال ـ مۈلكىنى بىر تەرەپ قىلىش، مۇستەقىل ياشاش ئىقتىدارىغا ئىگە قۇرامىغا يەتكەن پەرزەنتلىرىنىڭ مال ـ مۈلۈك تەلىپىنى رەت قىلىشقا ھوقۇقلۇق.

**12 ـ ماددا** ياشانغانلار دۆلەت ۋە جەمئىيەتكە داۋاملىق تۆھپە قوشۇش ھوقۇقىغا ئىگە.

**13 ـ ماددا** ياشانغانلار باقىقۇچىدىن ئۆزىگە ئىقتىسادىي جەھەتتىن قاراش، تۇرمۇش جەھەتتىن خەۋەر ئېلىش، روھىي جەھەتتىن تەسەللى بېرىش ۋە كېسىلىنى داۋالىتىش، كۈتۈش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشنى تەلەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق.

باقىقۇچى ياشانغانلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى بىللە

ياشايدىغان ئائىلە ئەزالىرىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىدىن تۆۋەن بولماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. باققۇچى بىللە ياشايدىغان ياشانغان ئەر - خوتۇننىڭ ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىشى كېرەك، ئۇلارنى بىر - بىرىدىن مەجبۇرىي ئايرىۋېتىشقا بولمايدۇ. باققۇچىنىڭ بېقىش مەجبۇرىيىتى ئۆزىنىڭ ۋارىسلىق ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىشى بىلەن يوقالمايدۇ.

باققۇچىنىڭ ياشانغانلارنىڭ ھۆددىگە ئالغان يېرىنى تېرىپ بېرىش ۋە دەل - دەرەخ، ئوتلاق، چارۋا ۋە باشقا ئىگىلىكىدىن خەۋەر ئېلىش مەجبۇرىيىتى بار، ئۇنىڭ پايدىسى ياشانغانلارغا مەنسۇپ بولىدۇ.

**14 - ماددا** ياشانغانلارنىڭ نىكاھ ئىشلىرى قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ. ياشانغانلاردا نىكاھلىنىش، نىكاھتىن ئاجرىشىش، جۈملىدىن جۈرىسى ئۆلۈپ كەتكەن ياكى نىكاھتىن ئاجرىشىپ كەتكەندىن كېيىن قايتا نىكاھلىنىش، يارىشىۋېلىش ئەركىنلىكى بولىدۇ، پەرزەنتلەرنىڭ ۋە باشقا شەخسلەرنىڭ ئارىلىشىۋېلىشىغا ۋە كەمسىتىشىگە بولمايدۇ. قۇرامىغا يەتكەن پەرزەنتلەرنىڭ ئۆزى بېقىۋاتقان ياشانغانلار قايتا نىكاھلانغانلىقى تۈپەيلىدىن ئۇلارنى بېقىش، يۆلەش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشنى رەت قىلىشىغا بولمايدۇ، ياشانغانلارنىڭ قايتا نىكاھلانغاندىن كېيىنكى مال - مۈلكىنى بىر تەرەپ قىلىشىغا ۋە ئائىلە تۇرمۇشىغا دەخلى قىلىشىغىمۇ بولمايدۇ.

**15 - ماددا** ياشانغانلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش ھوقۇقى قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ. ياشانغانلارنىڭ پەرزەنتلىرى ياكى باشقا ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ياشانغانلارنىڭ ئىلكىدىكى ئۆيىنىڭ مۈلۈك ھوقۇقى مۇناسىۋىتىنى ياكى ئۇلار ئىجارىگە ئالغان ئۆيىنىڭ ئىجارە مۇناسىۋىتىنى ئۇلارنىڭ ماقۇللىقىنى ئالماي تۇرۇپ خالىغانچە ئۆزگەرتىۋەتسە بولمايدۇ؛ ياشانغانلارنىڭ ئۆيىگە قىستاپ كىرىۋالما ياكى ئۇلارنى شارائىتى ناچار ئۆيگە كۆچۈشكە مەجبۇرلىسا بولمايدۇ. ئالاقىدار تارماقلار، ئورۇنلار ئۆي ساتقاندا، كۆچۈرگەندە ياكى تەقسىملىگەندە، شەرتى ئوخشاش ئەھۋالدا ياشانغانلارنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئېتىبار بېرىشى كېرەك.

**16 - ماددا** ياشانغانلار قانۇن ئۆگىنىشى، قانۇنغا ئەمەل قىلىشى، قانۇندا بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىشى، ئىجتىمائىي ئەخلاققا رىئايە قىلىشى، پەرزەنتلىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، قوشنىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك.

**17 - ماددا** ياشانغانلار ياشلار - ئۆسمۈرلەرگە كۆڭۈل بۆلۈشى، تەربىيە بېرىشى ۋە ئۇلارنى ئاسرىشى، يېتىشتۈرۈشى، ياشلار - ئۆسمۈرلەرگە پارتىيىنى، خەلقنى، سوتسىيالىستىك ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ھەققىدە تەربىيە بېرىشى، ئۇلارنى غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق سوتسىيالىستىك يېڭى ئەۋلادلاردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشى كېرەك.

## 3 - باب ياشانغانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش

**18 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، ئۆز ئورنىدىكى ياشانغانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققانلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، ئۆي، داۋالىنىش، ساقلىق ساقلاش، پاراۋانلىق ۋە باشقا جەھەتلەردە دۆلەت بەلگىلىگەن تەمىناتلاردىن بەھرىمەن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ، ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ ئۇنى ئۆز مەيلىچە تۆۋەنلىتىۋېتىشىگە ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىشىگە بولمايدۇ.

ياشانغانلارنىڭ قانۇن بويىچە بەھرىمەن بولىدىغان كۈتۈنۈش پۇلى، قوشۇمچە پۇلى ۋە باشقا تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئالاقىدار ئورۇنلار ئۇنى ۋاقتىدا تولۇق بېرىشى، مەۋھۇم كېمەيتمەسلىكى، تۇتۇپ قالماسلىقى ياكى ئىشلىتىۋالماسلىقى كېرەك.

**19 - ماددا** ياشانغانلاردىن ئەمگەك ئىقتىدارى، تۇرمۇش مەنبەسى، باققۇچىسى ۋە قارىغۇچىسى يوقلار ياكى باققۇچىسى ۋە قارىغۇچىسىنىڭ بېقىش، قاراش ئىقتىدارى يوقلىرىنىڭ شەھەردىكىلىرىگە شۇ جايدىكى خەلق ھۆكۈمىتى قوتقۇزۇش بېرىدۇ؛ يېزىدىكىلىرىنىڭ يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، ئۆي - جاي، ئاغرىق - سىلاق، ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرىدىن ئىبارەت بەشتە كاپالەتلەندۈرۈش ئىشىنى يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتى ئۈستىگە ئالىدۇ، يېزا (بازار) لىق خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى تەشكىللەيدۇ.

يېزىلاردىكى ياشانغانلار مەجبۇرىيەت ئەمگىكى ۋە جۇغلانما ئەمگەكنى ئۈستىگە ئالمايدۇ. كەنت كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتى ۋە يېزا (بازار) لىق خەلق ھۆكۈمىتى 65 ياشقا توشقان ئەرلەر، 60 ياشقا توشقان ئاياللارنىڭ يېزا يىغىمىسى ۋە كەنت قالدۇرۇقىنى كەچۈرۈم قىلىشى كېرەك.

**20 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى دۆلەتنىڭ ياشانغانلارنىڭ پاراۋانلىق تەمىناتىغا دائىر بەلگىلىمىسىنى ئىجرا قىلىشى ھەمدە ئۆز جايىنىڭ ئىقتىسادىي

تەرەققىيات سەۋىيىسىگە قاراپ پاشاتانلارنىڭ پاراۋانلىق تەمىناتىنى مۇناسىپ ئۆستۈرۈشى، تۇرمۇش سەۋىيىسى شۇ جاينىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت ئۆلچىمىگە يەتمەيدىغانلىرىغا قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىشى كېرەك.

100 ياشقا توشقان پاشاتانلارغا ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ساقلىق ساقلاش خىراجىتى بېرىشى كېرەك.

**21 - ماددا** پاشاتانلارنى يېقىشتا ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەتنى يولغا قويۇش تەشەببۇس قىلىنىدۇ، پاشاتانلارنى تۇغقان تۇتۇش، نامراتلىرىنى يۆلەش ۋە قىيىنچىلىقى بارلىرىغا ياردەم بېرىش ئىجتىمائىي پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلىدۇ. ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ ئىگە - چاقىسىز پاشاتانلار بىلەن قاراش كېلىشىمى ياكى باشقا يار - يۆلەك بولۇش كېلىشىمى ئىمزالىشىغا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىلىدۇ.

**22 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى جەمئىيەتتە پاشاتاندا كۆيۈنۈش سۆيۈش ۋە داۋالىنىش سۇغۇرتىسى ئىشلىرىنى پائال راۋاجلاندۇرىدۇ، پاشاتانلارنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش ۋە داۋالىنىش ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

پاشاتانلارنىڭ دۆلەت بەلگىلىگەن داۋالىنىش تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئورۇنلار پاشاتانلارنىڭ داۋالىنىش خىراجىتىنى بەلگىلىمە بويىچە ئاۋۋال ھەل قىلىپ بېرىشى كېرەك.

يېزىلاردىكى پاشاتانلاردىن ھەمكارلىشىپ داۋالىنىشقا قاتناشقانلىرىغا يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتى ئېتىبار بېرىشى كېرەك. شارائىتى بار جايلار پاشاتانلارنىڭ ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش ھەققىنى كېمەيتىمە، كەچۈرۈم قىلىما بولىدۇ.

**23 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئىجتىمائىي تەشكىلات ياكى شەخسنىڭ پاشاتانلار پاراۋانلىق ئورنى، پاشاتانلار ساناتورىيىسى، پاشاتانلارنى ھاۋالە بىلەن بېقىش ئورنى (پونكىتى)، پاشاتانلار ياتاق بىناسى، پاشاتانلارنى داۋالاش - سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەركىزى، پاشاتانلار مۇلازىمەت پونكىتى، پاشاتانلار پائالىيەت مەركىزى قاتارلىق مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرى ۋە تور - نۇقتىلىرىنى قۇرۇشىغا ئىلھام بېرىشى ۋە يار - يۆلەك بولۇشى كېرەك. جامائەتچىلىكنىڭ پاشاتانلار مەكتەپلىرىنى قۇرۇشىغا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىلىدۇ.

ئالاقىدار ئورۇن ۋە شەخسلەر پاشاتانلار ئىجتىمائىي مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇرغاندا، مىللىي سىياسەتنى ئىجرا قىلىشى، مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىشى كېرەك.

ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ پاشاتانلار ئاممىۋى پاراۋانلىق ئەسلىھەلىرىنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنىنى ئۆز مەيلىچە ئۆزگەرتىشىگە بولمايدۇ.

**24- ماددا** ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ياكى شەخسلەرنىڭ پاشاتانلار فوندى جەمئىيىتىگە پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلىشىغا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىلىدۇ.

ئىئانە قىلىنغان پۇل ۋە ماددىي بۇيۇملار پاشاتانلار پاراۋانلىق ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىغا ۋە پاشاتانلارغا ياردەم بېرىش قۇرۇلۇشى پائالىيىتىگە ئىشلىتىلىدۇ.

**25 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى جەمئىيەت ئېھتىياجى ۋە ئىمكانىيىتىگە ئاساسەن، پاشاتانلارنى ياشلار - ئۆسمۈرلەرگە كۆڭۈل بۆلۈش، ياشلار - ئۆسمۈرلەرگە مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىتىش، مەسلىھەتچىلىك قىلىش، پەن - تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە قوللىنىشقا قانۇن بويىچە قاتنىشىش، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەت بىلەن قانۇن بويىچە شۇغۇللىنىش، جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش، جامائەت پاراۋانلىق ئىشلىرى ۋە پاشاتانلار پاراۋانلىق كارخانىسى قۇرۇش قاتارلىق ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا پايدىلىق پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا رىغبەتلەندۈرۈشى كېرەك. بۇنىڭدىن تاپقان قانۇنلۇق كىرىمى قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ. ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ ئۇلارنىڭ مائاش، ئۆي، داۋالىنىش ۋە پاراۋانلىق قاتارلىق تەمىناتلىرىنى بۇنىڭلىق بىلەن ئۆز مەيلىچە تۆۋەنلىتىشىگە ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇشىغا يول قويۇلمايدۇ.

ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى تەدبىر قوللىنىپ، پاشاتانلار قۇرغان پاشاتانلار پاراۋانلىق كارخانىلىرىغا ئېتىبار بېرىشى ۋە يار - يۆلەك بولۇشى كېرەك.

**26 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى پاشاتانلارنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن كارخانىلارنى پاشاتانلار تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى يارىتىش، ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىشقا رىغبەتلەندۈرۈشى كېرەك.

**27 - ماددا** تاشيول، تۆمۈريول، خەلق ئاۋىئاتسىيىسى قاتارلىق يولۇچى ترانسپورت ساھەسى ۋە جامائەت پائالىيەت سورۇنلىرى پاشاتانلارغا ئاۋۋال مۇلازىمەت قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ.

ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى شارائىتقا قاراپ پاشاتانلارغا ئېتىبار بېرىش كىنىشكىسى تارقاتسا، پاشاتانلار شۇ كىنىشكا بىلەن نەرسە - كېرەك ۋە بىلەت سېتىۋالسا،

ئاپتوموبىل ۋە ئايروپىلانغا ئولتۇرسا ھەمدە باشقا ئېتىبار بېرىشلەردىن بەھرىمەن بولسا بولىدۇ. كونكرېت ئېتىبار بېرىش چارىسىنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى تۈزىدۇ.

**28 - ماددا** شەھەر پىلانلاش، قۇرۇلۇش تارمىقى شەھەر جامائەت ئەسلىھەلىرى، ئاھالە رايونى ۋە ئۆي - جاي پىلانلىغان ۋە قۇرغاندا ياشانغانلارنىڭ ئالاھىدە ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ، ياشانغانلار پائالىيەت سورۇنى ۋە ياشانغانلارغا مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرىنى يانداشتۇرۇپ لايىھىلىشى ۋە قۇرۇشى كېرەك.

**29 - ماددا** داۋالاش ئاپپاراتلىرى ياشانغانلارنىڭ داۋالىنىشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىشى، ئېتىبار بېرىشى كېرەك. شارائىتى بار داۋالاش ئاپپاراتلىرى ياشانغانلار ئائىلە كېسەل كارىۋىتى قۇرۇشى، سەييارە داۋالاش، ئۆيىگە بېرىپ داۋالاشنى يولغا قويۇشى كېرەك. شەرت - شارائىت ھازىرلانغان شەھەرلەر ياشانغانلار دوختۇرخانىسى قۇرۇشى، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنىۋېرسال دوختۇرخانىلار شارائىتىغا قاراپ ياشانغانلار مەخسۇس بۆلۈمى ياكى ياشانغانلار ئامبۇلاتورىيىسى تەسىس قىلىشى كېرەك. ياشانغانلارنىڭ كېسىلىنى خالىس كۆرۈش، ئۇلارغا داۋالاش، ساقلىق ساقلاش بويىچە ھەقسىز مەسلىھەت بېرىش تەشەببۇس قىلىنىدۇ.

سەھىيە تارماقلىرى داۋالاش ئاپپاراتلىرىنى ياشانغانلارنى داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش ئىلمىي تەتقىقاتىنى قانات يايدۇرۇشقا، ياشانغانلاردا دائىم كۆرۈلىدىغان، كۆپ قوزغىلىدىغان كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتىنى كۈچەيتىشكە، ياشانغانلار ساقلىقىنى ساقلاش مۇلازىمىتىنى كۆپ خىل شەكىلدە قانات يايدۇرۇشقا، ياشانغانلار ساقلىقىنى ساقلاش مۇلازىمەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشقا تەشكىللىشى كېرەك.

**30 - ماددا** مەدەنىيەت، مائارىپ، تەنتەربىيە تارماقلىرى ھەر مىللەت ياشانغانلارنى مەدەنىيەت، مائارىپ، تەنتەربىيە ۋە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى يولغا قويۇشقا پائال ئۇيۇشتۇرۇشى ۋە ئۇنىڭغا ھەمكارلىشىشى لازىم.

مەدەنىيەت، تەنتەربىيە، كۆڭۈل ئېچىش قاتارلىق ئاممىۋى سورۇنلاردا ياشانغانلار پائالىيىتىگە باب كېلىدىغان تۈر ۋە ئەسلىھە تەسىس قىلىپ، ياشانغانلارنىڭ بەدەن چېنىقتۇرۇش ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك پائالىيىتىگە قاتنىشىشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىلسە بولىدۇ.

**31 - ماددا** ياشانغانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش توغرىسىدىكى تەشۋىق - تەربىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىش كېرەك.

رادىئو - تېلېۋىزىيە، گېزىت - ژۇرنال قاتارلىق ئاخبارات ئورۇنلىرى ۋە نەشرىيات تارماقلىرى جامائەت پىكرى نازارەتچىلىكىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەش، ئاسراش، كۈتۈش ۋە ئۇلارغا ياردەم بېرىشتەك ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىياتنى تەشۋىق قىلىشى ۋە تەشەببۇس قىلىشى، ياشانغانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىگە دەخلى - تەرۇز قىلىدىغان قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى تەنقىد قىلىشى ۋە پاش قىلىشى كېرەك.

تۈرلۈك مەكتەپلەر، ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى قاتارلىق ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ياشلار - ئۆسمۈرلەرگە ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەيدىغان ۋە ئۇلارغا ياردەم بېرىدىغان ئېسىل پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈش توغرىسىدا تەربىيە بېرىشى كېرەك.

**32 - ماددا** ياشانغانلار خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە ياشانغانلار خىزمىتى ئاپپاراتىنىڭ تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى پائال قانات يايدۇرۇشىغا ھەمكارلىشىشى، ياشانغانلارنىڭ يوللۇق تەلەپلىرىنى ئىنكاس قىلىشى، ئۇلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغدىشى كېرەك.

**33 - ماددا** يېزا (بازار) لىق خەلق ھۆكۈمەتلىرى، مەھەللە باشقارمىلىرى ۋە كەنت ئاھالە كومىتېتلىرى، شەھەر ئاھالە كومىتېتلىرى ياشانغانلارنى بېقىشقا دائىر ماجىرالارنى مۇرەسسە قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى لازىم، باققۇچى ئۆرۈشلۇق ئورۇن بۇ خىزمەتكە پائال ھەمكارلىشىشى كېرەك.

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ياشانغانلارنى بېقىشقا دائىر ماجىرالار ئۈستىدىكى مۇرەسسە ۋە ھۆكۈمىنى ئالاقىدارلار ئىجرا قىلىشى كېرەك، مۇرەسسە قىلىنغان ۋە ھۆكۈم چىقىرىلغاندىن كېيىنمۇ، باققۇچى بېقىش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىسا، بېقىلغۇچى خەلق سوت مەھكىمىسىگە مەجبۇرىي ئىجرا قىلدۇرۇپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىشقا ھوقۇقلۇق.

**34 - ماددا** ياشانغانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتى دەخلى - تەرۇزغا ئۇچرىسا، دەخلى - تەرۇزغا ئۇچرىغۇچى ياكى ئالاقىدار ئورۇن، شەخسلەر ئەرز، شىكايەت، سۇنۇشقا، پاش قىلىشقا ھوقۇقلۇق.

ئالاقىدار تارماقلار ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرى ياشانغانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىگە دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈش قىلمىشلىرىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشى لازىم، بىر - بىرىگە ئىتتىرىشكە، ئارقىغا سۈرۈشكە بولمايدۇ.

## 4 ـ باب قانۇنىي جاۋابكارلىق

**35 ـ ماددا** بۇ نىزامغا خىلاپلىق قىلىپ، ياشانغانلارنى بېقىش، ئۇلارغا قاراش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىغانلارغا باقىدىغان ياكى قارىغۇچى تۇرۇشلۇق مەھەللە باشقارمىسى، شەھەر ئاھالە كومىتېتى، كەنت ئاھالە كومىتېتى ياكى ئۇلارنىڭ خىزمەت ئورنى تەنقىد، تەربىيە بېرىدۇ ھەمدە تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ؛ تۈزەتمىسە، بېقىلغۇچى ياكى قارالغۇچى خەلق سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلسا بولىدۇ. ئالاقىدار مەھەللە باشقارمىسى، شەھەر ئاھالە كومىتېتى ۋە كەنت ئاھالە كومىتېتى بۇنىڭغا مەدەت ۋە ياردەم بېرىدۇ.

ھوقۇق ـ مەنپەئەتى دەخلى ـ تەرۇزغە ئۇچراپ دەۋا قىلغان، ئەمما دەۋا ھەققى تۆلەشتە قىيىنلىق قالغان ياشانغانلارنىڭ دەۋا ھەققى كېچىكتۈرۈپ ئېلىنسا، كېمەيتىلسە ياكى كەچۈرۈم قىلىنسا بولىدۇ. ياشانغانلار بېقىش ھەققى ياكى قاراش ھەققى ئېلىشنى ئىلتىماس قىلسا، خەلق سوت مەھكىمىسى ئاۋۋال ئىجرا قىلىش ھەققىدە قانۇن بويىچە قارار قىلسا بولىدۇ.

**36 ـ ماددا** ياشانغانلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتى دەخلى ـ تەرۇزغە ئۇچرىسا، دەخلى ـ تەرۇزغە ئۇچرىغۇچى ئۆزى تۇرۇشلۇق جايدىكى ياشانغانلار خىزمىتى ئاپپاراتىغا ياكى باشقا ئالاقىدار تارماققا ئەرز قىلسا بولىدۇ، ياشانغانلار خىزمىتى ئاپپاراتى ۋە ئالاقىدار تارماقلار ئۇنى قوبۇل قىلىشى، قانۇن بويىچە ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىشى لازىم.

**37 ـ ماددا** مۇشۇ نىزامغا خىلاپلىق قىلىپ، ياشانغانلارنى كەمسىتكەن، ھاقارەتلىگەن، خارلىغانلارغا ئالاقىدار ئورۇن ياكى تەشكىلات تەنقىد، تەربىيە بېرىدۇ؛ ئامانلىق باشقۇرۇشقا دائىر بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلغانلارغا ج خ ئورگىنى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئامانلىق ساقلاش بويىچە باشقۇرۇش ـ جازالاش نىزامى» دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن جازا بېرىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولۇپ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

**38 ـ ماددا** بۇ نىزامغا خىلاپلىق قىلىپ، ياشانغانلارنىڭ نىكاھ ئەركىنلىكىگە ئارىلاشقانلارغا ئۇلار تۇرۇشلۇق جايدىكى مەھەللە باشقارمىسى، شەھەر ئاھالە كومىتېتى، كەنت ئاھالە كومىتېتى تەنقىد، تەربىيە بېرىدۇ ھەمدە ئۇلارنى تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولۇپ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

**39 ـ ماددا** بۇ نىزامغا خىلاپلىق قىلىپ، ياشانغانلارنىڭ پۇل ـ مېلىنى ئوغرىلىغان، ئالداپ ئېلىۋالغان، بۇلىۋالغان، قاقتى ـ سوقتى قىلغان، قەستەن بۇزۇۋەتكەن ئائىلە ئەزالىرىدىن قىلمىشى يېنىكرەكلىرى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئامانلىق ساقلاش بويىچە باشقۇرۇش ـ جازالاش نىزامى» دىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە جازالىنىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

**40 ـ ماددا** بۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، قانۇندا بەلگىلەنگەن مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلمىغان ئورۇنلارنى ئۇلارنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل تارمىقى سۈرۈك ئىچىدە تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ، يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىققان بولسا، مەسئۇل خادىمنىڭ جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

**41 ـ ماددا** خىزمەتتە بىپەرۋالىق قىلىش تۈپەيلىدىن ياشانغانلارنىڭ جىسمانىي ھوقۇقى ۋە باشقا قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتى دەخلى ـ تەرۇزغە ئۇچراپ، ئېغىر ئاقىۋەت كېلىپ چىققان بولسا، بىۋاسىتە جاۋابكارنىڭ ۋە ئالاقىدار رەھبەرنىڭ مەمۇرىي جاۋابكارلىقى ۋە قانۇنىي جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

**42 ـ ماددا** بۇ نىزامغا خىلاپلىق قىلىپ، ياشانغانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزۈپ، جازالىنىشقا تېگىشلىك باشقا قىلمىشلارنى سادىر قىلغانلارغا ئالاقىدار قانۇن، نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە جازا بېرىلىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

## 5 ـ باب قوشۇمچە پرىنسىپ

**43 ـ ماددا** بۇ نىزام ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش قانۇنى» نى يولغا قويۇش چارىسى

(1999 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 9 ـ

يىغىنىدا ماقۇللاندى).

## 1 - باب ئومۇمىي پرىنسىپ

**1 - ماددا** بۇ چارە پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى رېئال ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرۇش، پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش پائالىيىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش، شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش مەقسىتىدە، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش قانۇنى» ۋە ئالاقىدار قانۇن، نىزاملارغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈپ چىقىلدى.

**2 - ماددا** بۇ چارىدىكى پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش دېگەن سۆز ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، پەن تەتقىقاتى ۋە تېخنىكا يارىتىشتا بارلىققا كەلگەن ئەمەلىي قىممەتكە ئىگە پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى داۋاملىق سىناق قىلىش، تەتقىق قىلىش، قوللىنىش، كېڭەيتىشتىن تارتىپ يېڭى مەھسۇلات، يېڭى ھۈنەر - سەنئەت، يېڭى ماتېرىيال يارىتىش، يېڭى كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقىچە بولغان پائالىيەتلەرنى كۆرسىتىدۇ.

**3 - ماددا** پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش پائالىيىتى ئىقتىسادىي ئۈنۈم ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشكە، مۇھىت ۋە بايلىقنى قوغداشقا، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق بولۇشى كېرەك. پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش پائالىيىتىدە ئىختىيار قىلىش، ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، ئادىل، سەممىي بولۇش، لەۋزىدە تۇرۇش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىش، قانۇن بويىچە ياكى توختامدىكى پۈتۈم بويىچە مەنپەئەتتىن بەھرىمەن بولۇش، خەۋپ - خەتەرنى ئۈستىگە ئېلىش كېرەك.

**4 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشى لازىم.

ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ پەن - تېخنىكا مەمۇرىي تارمىقى پىلان تارمىقى، ئۇنىۋېرسال ئىقتىساد باشقۇرۇش تارمىقى ۋە باشقا ئالاقىدار مەمۇرىي تارماقلار بىلەن بىرلىكتە پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش خىزمىتىنى ئۆز مەسئۇلىيىتى دائىرىسىدە باشقۇرىدۇ، يېتەكلەيدۇ ۋە ماسلاشتۇرىدۇ.

**5 - ماددا** بىڭتۇەن مۇشۇ چارىگە ئاساسەن ئۆز دائىرىسىدىكى پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ ھەمدە ئاپتونوم رايونىنىڭ پەن - تېخنىكا مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىنىڭ كەسپىي رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ؛ دىۋىزىيىلەرنىڭ پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش خىزمىتى شۇ جايدىكى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ پەن - تېخنىكا مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىنىڭ نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ.

## 2 - باب تەشكىللەش - يولغا قويۇش

**6 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش خىزمىتىنى خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىغا كىرگۈزىدۇ، پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش مۇلازىمەت سىستېمىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولىدۇ، پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش خىزمىتىنى تەشكىللەيدۇ، ماسلاشتۇرىدۇ ۋە يولغا قويىدۇ.

**7 - ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پەن - تېخنىكا نەتىجىسى كاتالوگىنى ۋە نۇقتىلىق پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش تۈرى قىبلىنامىسىنى قەرەللىك ئېلان قىلىپ تۇرىدۇ، تۆۋەندىكى تۈرلەرنى ئالدى بىلەن ئورۇنلاشتۇرىدۇ ۋە قوللايدۇ:

(1) كەسىپ، ساھەنىڭ تېخنىكا سەۋىيىسى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرەلەيدىغانلىرى؛

(2) يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق مەھسۇلات، كەسىپ ۋە ئېكسپورت ئارقىلىق تاشقى پېرېۋوت يارىتىدىغان مەھسۇلات ھاسىل قىلالايدىغانلىرى؛

(3) بايلىقنى مۇۋاپىق ئېچىپ ۋە پايدىلىنىپ، بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرالايدىغانلىرى؛

(4) موسۇللۇق، سۈپەتلىك، ئۈنۈملۈك يېزا ئىگىلىكى ۋە سۇ تېجەيدىغان يېزا ئىگىلىكىگە تۈرتكە بولۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ كەسىپلىشىشىنى ۋە يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرەلەيدىغانلىرى؛

(5) ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسرايدىغان ۋە مۇھىت بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ھەم ئۇنى تىزگىنلەيدىغان، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ۋە ئۇنىڭ زىيىنىنى ئازايتىدىغانلىرى؛

(6) پەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە داڭلىق، ئالاھىدە، سۈپەتلىك مەھسۇلات تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كۆلەملىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىدىغان ھەمدە ئىچكى ـ تاشقى بازاردا رىقابەت ئىقتىدارىغا ئىگە بولىدىغانلىرى؛

(7) چەت ـ ياقا، نامرات رايونلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشى ۋە ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىدىغانلىرى.

**8 ـ ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇشتىكى ئوقەتلىك تۈرلەرنى تەشكىللەپ يولغا قويغاندا، ئالاقىدار تارماق ئاشكارا خەۋەردار چاقىرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئايلاندۇرۇشنى يولغا قويىدىغان ئورۇنلاردىن ياخشىسىنى تاللىۋالسا بولىدۇ.

**9 ـ ماددا** ئاپتونوم رايون بازارنى يېتەكچى، كارخانىنى سۇبيېكت قىلغان، ئىشلەپچىقىرىش، ئوقۇتۇش، تەتقىقات ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلگەن پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ، «قويۇۋېتىش، جانلاندۇرۇش، يۆلەش، يېتەكلەش» فاڭجېنىنى يولغا قويۇپ، تېخنىكا بازىرى ۋە ئۇچۇر بازىرىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. تېخنىكا يارىتىش، تېخنىكا ئۆتۈنۈپ بېرىش، تېخنىكا جەھەتتە تەربىيىلەش، تېخنىكا مەسلىھەتچىلىكى، تېخنىكا مۇلازىمىتى، تېخنىكا ھۆددىگەرلىكى، تېخنىكىنى پاي قىلىپ قوشۇش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇشقا ئىلھام بېرىپ، پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسىنىڭ ئايلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى شارائىتى بار تارماقلارنىڭ دائىملىق تېخنىكا بازىرى، تېخنىكا سودا بازىرى ۋە ئۇنىۋېرسال تېخنىكا بازىرىنى قۇرۇپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئىلھام ۋە مەدەت بېرىدۇ.

**10 ـ ماددا** كارخانىلارنىڭ تېخنىكا تەرەققىيات ئاپپاراتى قۇرۇشىغا ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ئىلھام ۋە مەدەت بېرىلىدۇ. كارخانىلار پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش پائالىيىتىنىڭ سۇبيېكتى بولۇشى، قانۇن بويىچە ئۆز ئالدىغا ياكى ئاپتونوم رايون ئىچى ۋە سىرتىدىكى كارخانىلار، تەتقىقات ـ تەرەققىيات ئاپپاراتلىرى، ئالىي مەكتەپلەر ۋە باشقا ھەمكارلاشقۇچىلار بىلەن بىرلىشىپ پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش پائالىيىتىنى يولغا قويۇشقا ھوقۇقلۇق؛ ئادىل رىقابەت ئارقىلىق، ئۆز ئالدىغا ياكى باشقا ئورۇنلار بىلەن بىرلىشىپ ھۆكۈمەت تەشكىللەپ يولغا قويغان پەن ـ تېخنىكا تەتقىقات ـ تەرەققىيات تۈرى ۋە پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش تۈرىنى ئۈستىگە ئالسا بولىدۇ؛ ئۇچۇرلارنى ئۆز ئالدىغا ئېلان قىلسا ياكى تېخنىكا سودىسى ۋاستىچى ئاپپاراتىغا پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسىنى ۋە پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇشقا ھەمكارلاشقۇچى تېپىپ بېرىشنى ھاۋالە قىلسا بولىدۇ.

**11 ـ ماددا** چېگرا ئىچى ۋە سىرتىدىكى كارخانىلار، ئورۇنلار، تەشكىلاتلار ياكى شەخسلەرنىڭ زور پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسىنى شىنجاڭغا ئېلىپ كېلىپ مۇستەقىل ياكى بىرلىشىپ ئايلاندۇرۇشىغا ئىلھام بېرىلىدۇ، ئۇلار بۇ مەزگىلدە دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار ئېتىبار سىياسەتلىرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

**12 ـ ماددا** ئاپتونوم رايون يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق ئىگىلىك تىكلەش مۇلازىمەت مەركىزى ۋە باشقا ۋاستىچى مۇلازىمەت ئاپپاراتىنى قۇرۇش ۋە كۆپەيتىشكە مەدەت بېرىدۇ، مەبلەغ ۋە سىياسەت جەھەتتە ئۇلارنى يۆلەيدۇ. يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق ئىگىلىك تىكلەش مۇلازىمەت مەركىزى ۋە باشقا ۋاستىچى مۇلازىمەت ئاپپاراتى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى پرىنسىپى بويىچە پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇشقا مۇلازىمەت قىلىدۇ.

**13 ـ ماددا** يېزا ئىگىلىك پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرى، يېزا ئىگىلىكى مەكتەپلىرى ۋە يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش تەشكىلاتلىرى ئۆز ئالدىغا ياكى باشقا ئورۇنلار بىلەن ھەمكارلىشىپ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىلگىرى، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا، ئىشلەپچىقىرىشتىن كېيىن ئۇنىۋېرسال يۈرۈشلەشكەن تېخنىكا مۇلازىمىتى قىلسا بولىدۇ.

يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرغۇچى ئورۇنلار ۋە شەخسلەر ئۆز ئالدىغا ياكى باشقا ئورۇنلار بىلەن ھەمكارلىشىپ تەتقىق قىلىپ ياراتقان ھەمدە بېكىتىشتىن ئۆتكەن سۈپەتلىك سورت ۋە يېڭى مەھسۇلات تىجارىتىنى قانۇن بويىچە يولغا قويسا بولىدۇ.

**14 ـ ماددا** پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش پائالىيىتىدە پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسىنىڭ قىممىتىنى باھالاشقا توغرا كەلسە، ئۇنى قانۇنىي سالاھىيىتى بار شەكىلسىز مۈلۈكنى باھالىغۇچى ئاپپارات باھالىشى كېرەك. پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسىنى ئۆلچەش ياكى ئۇنىڭ قىممىتىنى باھالاشتا ئادىل، ئوبيېكتىپ بولۇش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىش شەرت، ئۆلچەش نەتىجىسى ياكى باھالاش ئىسپاتى بېرىشتە ساختىلىق قىلىشقا بولمايدۇ.

دۆلەت كارخانىلىرى، كوللېكتىپ كارخانىلار، پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى، ئالىي مەكتەپلەر جۇڭگونىڭ چېگرا سىرتىدىكى كارخانىلىرى، باشقا تەشكىلاتلار ياكى شەخسلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش

پائالىيىتى ئېلىپ بارغاندا، پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنىڭ قىممىتىنى باھالىشى شەرت.

پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇشتىكى تاشقى ھەمكارلىق تۈرلىرى دۆلەت مەخپىيىتىگە چېتىلسا، بەلگىلەنگەن تەرتىپكە ئاساسەن قانۇن بويىچە ئالدىن تەستىقلىتىش لازىم.

**15 - ماددا** كارخانا، كەسپىي ئورۇن، يېزا ئىقتىسادىي تەشكىلاتىنىڭ پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى تەتقىق قىلىپ يارىتىپ، ئارىلىق سىنىقى، سانائەت سىنىقى ۋە يېزا ئىگىلىك سىنىقى قىلىپ ئۈلگە كۆرسىتىپ، پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىشىگە ئىلھام بېرىلىدۇ.

**16 - ماددا** پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرى، ئالىي مەكتەپلەر ۋە ئۆلارنىڭ پەن - تېخنىكا خادىملىرى كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرسا ۋە يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا كارخانىسى قۇرسا بولىدۇ.

**17 - ماددا** پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش سىناق مەھسۇلاتىنى دۆلەتنىڭ مەھسۇلاتنى سىناپ سېتىشقا دائىر بەلگىلىمىلىرى بويىچە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىغا تەستىقلاتقاندىن كېيىن، بېكىتىلگەن سىناپ سېتىش مەزگىلىدە سېتىشقا بولىدۇ. سىناپ ئىشلەپچىقىرىلغان، سىناپ سېتىلىدىغان يۇقىرىقى مەھسۇلاتلار دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تېخنىكا، سۈپەت، بىخەتەرلىك، تازىلىق ئۆلچەملىرىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.

## 3 - باب كاپالەت تەدبىرلىرى

**18 - ماددا** ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر دەرىجىلىك مالىيىسىدىن پەن - تېخنىكا، تۇراقلىق مۈلۈك سېلىنمىسى ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە ئاجرىتىلىدىغان خىراجەتنىڭ پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغان نىسبىتى 2%تىن تۆۋەن بولماسلىقى كېرەك، ئۇ ئاساسلىقى پەن -تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇشتىكى يېتەكلەش مەبلىغى، دىسكونتلىق قەرز، قوشۇمچە ياردەم مەبلىغى ۋە خەۋپ - خەتەر مەبلىغى ھەمدە پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇشقا تۈرتكە بولىدىغان باشقا مەبلەغ ئېھتىياجىغا ئىشلىتىلىدۇ.

ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى تەستىقلىغان ئارىلىق سىناق بازىسى، سانائەت سىناق بازىسى، يېزا ئىگىلىك سىنىقىدا ئۈلگە كۆرسىتىش بازىسىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى شۇ دەرىجىلىك مالىيىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلەغ خام چوتىغا كىرگۈزۈلىدۇ.

**19 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى يېزا ئىگىلىك ۋە يېزا ئىگىلىكىگە ئالاقىدار پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرى، مەكتەپلەر، تېخنىكا كېڭەيتىش تەشكىلاتلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى سىناق قىلىش، ئۈلگە كۆرسىتىشكە ئىشلىتىدىغان يەرلىرىگە كاپالەتلىك قىلىشى، يەر ئىشلىتىش ۋە مەبلەغ قاتارلىق جەھەتلەردە مەدەت بېرىشى لازىم.

**20 - ماددا** ئاپتونوم رايون پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش فوندى تەسىس قىلىدۇ، مەبلەغنى مالىيە تارماقلىرى، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ۋە باشقا تەشكىلاتلار ياكى شەخسلەر تەمىن ئېتىدۇ، فوندنى توپلاش ۋە ئىشلىتىش چارىسىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تۈزىدۇ.

پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش فوندى ئاساسلىقى سېلىنمىسى، خەۋپ - خەتىرى ۋە ھاسىلاتى كۆپ پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇشقا ئىشلىتىلىپ، زور پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى كەسىپلەشتۈرۈش تېزلىتىلىدۇ.

**21 - ماددا** پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇشنى كرېدىت جەھەتتە پائال قوللىشى ۋە پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇشقا بېرىلىدىغان قەرز پۇلنى تەدرىجىي كۆپەيتىشى كېرەك.

**22 - ماددا** پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش مەخسۇس خىراجىتى جايىغا ئىشلىتىلىشى شەرت، ئۇنى ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ ئىگىلىۋېلىشىغا، ئىشلىتىۋېلىشىغا ياكى تۇتۇپ قېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

**23 - ماددا** ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيە، باج، سودا - سانائەت مەمۇرىي تارمىقى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلىرى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش يۈزىسىدىن تۈزگەن، باجدا ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى قەتئىي ئىجرا قىلىشى لازىم.

كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ۋە شەخسلەر پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغاندا كېمەيتىلگەن ۋە كەچۈرۈم قىلىنغان باج پۇلىنى پەن -تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇشقا ئىشلىتىشى شەرت.

**24 - ماددا** ئاپتونوم رايون پەن - تېخنىكا نەتىجىسى ئۇچۇر تورى ۋە پەن - تېخنىكا نەتىجىسى ئۇچۇر - ماتېرىيال ئامبىرى قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇشقا ئۇچۇر

مۇلازىمىتى قىلىدۇ.

## 4 - باب تېخنىكا ھوقۇق - مەنپەئىتى

**25 - ماددا** كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار قولغا كەلتۈرگەن ۋەزىپە ئىچىدىكى ئەمەلىي قىممەتكە ئىگە پەن - تېخنىكا نەتىجىسى ئورۇندالغان كۈندىن تارتىپ بىر يىلغىچە كارخانا، كەسپىي ئورۇن تەرىپىدىن ئايلاندۇرۇلمىغان بولسا، پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئورۇندىغۇچى ۋە ئۇنىڭغا قاتناشقۇچى ۋەزىپە ئىچىدىكى پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنىڭ ھوقۇق تەۋەلىكىنى ئۆزگەرتمەسلىك شەرتى ئاستىدا، شۇ پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرسا بولىدۇ، لېكىن ئۆز ئورنى بىلەن توختام تۈزۈپ، ئايلاندۇرۇش ۋاقتى، شەكلى ۋە پايدا تەقسىماتىنى پۈتۈشۈشى لازىم.

پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئورۇندىغۇچى ۋە ئۇنىڭغا قاتناشقۇچى ۋەزىپە ئىچىدىكى پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇشقا توسقۇنلۇق قىلماسلىقى، ۋەزىپە ئىچىدىكى پەن - تېخنىكا نەتىجىسى ھەمدە تېخنىكىلىق ماتېرىيال ۋە سانلىق مەلۇماتنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىپ، ئەسلى ئورنىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىگە دەخلى - تەرۇز قىلماسلىقى كېرەك.

كۆپ كىشىلىك تەتقىقات گۇرۇپپىسى ئورۇندىغان ۋەزىپە ئىچىدىكى نەتىجىنى ئورۇندىغۇچىلارنىڭ پەقەت بىر قىسمى ئايلاندۇرماقچى بولسا، ئەسلى ئورۇن ئۇلار بىلەن ئايلاندۇرۇش كېلىشىمى ئىمزالىغاندا، مۇكاپاتلاش ياكى مۇۋاپىق مەنپەئەت تۆلىمى بېرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق باشقا ئورۇندىغۇچىلارنىڭ مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈشى لازىم.

**26 - ماددا** پەن - تېخنىكا خادىملىرى ئۆز خىزمىتىنى ئورۇنداش شەرتى ئاستىدا، ئۆز ئورنى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ، باشقا ئورۇنلاردا تەتقىق قىلىپ يارىتىش ۋە پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش بىلەن قوشۇمچە شۇغۇللانسا بولىدۇ. ئالىي مەكتەپلەر ئۆز ئورنىدىكى پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ھېيت - بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرى ۋە خىزمەت ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ تەتقىق قىلىپ يارىتىش ۋە پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىشىنى قوللىشى لازىم.

دۆلەت پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرى، ئالىي مەكتەپلەر ھەمدە ئۇلارنىڭ پەن - تېخنىكا خادىملىرى خىزمەت ئورنىدىن ئايرىلىپ يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا كارخانىسى قۇرسا ياكى باشقا يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا كارخانىسىغا بېرىپ پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرسا بولىدۇ.

كونكرېت چارىسى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە بولىدۇ.

**27 - ماددا** دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان، ئەسلى ئورنىدىن يۆتكىلىپ كەتكەن ياكى ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەرگەن پەن - تېخنىكا خادىملىرى ئەسلى ئورنىنىڭ ۋەزىپە ئىچىدىكى پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىدىن ئۆز مەيلىچە پايدىلىنىپ، ئۇنى ئايلاندۇرۇش بىلەن شۇغۇللانسا بولمايدۇ. بۇ خادىملار ئەسلى ئورنىنىڭ پەن - تېخنىكا نەتىجىسىگە ئالاقىدار ئايلاندۇرۇش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانماقچى بولسا، ئەسلى ئورنى بىلەن كېلىشىم ئىمزالاپ، ئالاقىدار ھوقۇق - مەنپەئەتنى پۈتۈشۈشى لازىم. ئەسلى ئورنىدىن ئايرىلىپ 2 يىل ئىچىدە بۇرۇنقى نەتىجە ئاساسىدا يەنە يېڭىلىق ياراتسا ۋاقتىدا ئەسلى ئورنىنى خەۋەرلەندۈرۈپ، يېڭى ھوقۇق - مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى كېڭىشىپ بېكىتىشى كېرەك.

**28 - ماددا** پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنىڭ قىممىتىنى مۈلۈك باھالاش ئاپپاراتى باھالىغاندىن كېيىن، باھاغا سۇندۇرۇپ مەبلەغ قىلىپ سېلىشقا، پايغا سۇندۇرۇشقا ياكى مەبلەغ نىسبىتى قىلىشقا بولىدۇ، كونكرېت ئۆلۈشىنى ئالاقىدارلار كېڭىشىپ بېكىتىدۇ.

پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرى، ئالىي مەكتەپلەر ۋە ئۇلارنىڭ پەن - تېخنىكا خادىملىرى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا نەتىجىسى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىگە ياكى شىركەت تۈزۈمىدە بولمىغان كارخانىغا مەبلەغ قىلىپ سالغاندا، پاي قىلىپ قوشقاندا، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا نەتىجىسىنىڭ باھا سوممىسى شىركەت ياكى كارخانىنىڭ رويخەتكە ئالدۇرغان كاپىتالىنىڭ %35 ىگە يەتسە بولىدۇ، ئايرىم پۈتۈشكەنلەر بۇنىڭ سىرتىدا.

**29 - ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇشتا مۇھىم تۆھپە قوشقان ئورۇن ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلەيدۇ ۋە مۇكاپاتلايدۇ؛ گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان شەخسلەرنى كاتتا مۇكاپاتلايدۇ. بۇنىڭ كونكرېت چارىسىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تۈزۈپ چىقىدۇ.

**30 - ماددا** زور پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش تۈرى ئورۇندالغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا مەمۇرىي تارمىقىنىڭ مۇتەخەسسىسلەرنى تەشكىللەپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشى بىلەن، ئاپتونوم رايونغا پەن - تېخنىكا تەرەققىيات مۇكاپاتى ئېلىش تەرتىپ بويىچە ئىلتىماس قىلىنسا بولىدۇ.

**31 - ماددا** پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئورۇندىغان ئورۇن ئۆزىنىڭ ۋەزىپە ئىچىدىكى پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بەرمەكچى بولسا، ئۆتۈنۈپ بەرگەن ۋەزىپە ئىچىدىكى پەن - تېخنىكا نەتىجىسىدىن

ئېرىشكەن ساپ كىرىمىدىن ئاز دېگەندە %25 ئاجرىتىپ، شۇ پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئورۇنداشتا مۇھىم تۆھپە قوشقان خادىملارنى مۇكاپاتلىشى لازىم.

پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرغۇچى ئورۇن تېخنىكا مەسلىھەتچىلىكى، تېخنىكا مۇلازىمىتى، تېخنىكا جەھەتتە تەربىيىلەش، تېخنىكا ھۆددىگەرلىكى پائالىيىتىدە ئېرىشكەن تېخنىكا كىرىمىدىن مەلۇم نىسبەتنى ئاجرىتىپ، تۆھپە قوشقان خادىملارنى مۇكاپاتلىسا بولىدۇ.

پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇشتىن مەنپەئەتلەنگەن ئورۇن شۇ تۈردە يېڭىدىن ئاشقان پايدىدىن مەلۇم نىسبەتنى ئاجرىتىپ، مۇھىم تۆھپە قوشقان خادىملارنى مۇكاپاتلىشى لازىم.

**32 - ماددا** كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ئۆز ئالدىغا ياكى باشقا ئورۇنلار بىلەن ھەمكارلىشىپ تەتقىق قىلىپ ياراتقان پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇپ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشقا كىرىشتۈرگەندىن كېيىن، 3 يىلدىن 5 يىلغىچە شۇ پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى يولغا قويۇپ تاپقان يىللىق ساپ كىرىمىدىن ئاز دېگەندە %5 ئاجرىتىپ مۇكاپاتقا ئىشلىتىشى لازىم؛ ئۇنى پاي تۈزۈمىدىكى كارخانىلار يولغا قويغان بولسا، ئۇلارمۇ پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى پاي قىلىپ قوشقان چاغدىكى باھا سوممىسىنىڭ ئاز دېگەندە %20نى مۇكاپاتقا ئىشلەتسە بولىدۇ.

تەتقىق قىلىپ يارىتىش ۋە نەتىجىنى ئايلاندۇرۇش داۋامىدا ئاساسلىق تۆھپە قوشقان خادىملار ئېرىشىدىغان مۇكاپات سوممىسى شۇ تۈرنىڭ مۇكاپات ئومۇمىي سوممىسىنىڭ %50ىدىن تۆۋەن بولماسلىقى لازىم.

## 5 - باب قانۇنىي جاۋابكارلىق

**33 - ماددا** پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش پائالىيىتىدە ساختىپەزلىك ياكى ئالدامچىلىق ۋاسىتىسىنى قوللىنىپ مۇكاپات ۋە شان - شەرەپكە ئېرىشىۋالغان، پۇل - مالنى ئالداپ ئېلىۋالغان، قانۇنسىز پايدا ئالغانلارنى پەن - تېخنىكا مەمۇرىي تارمىقى تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ، شۇ مۇكاپات ۋە شان - شەرىپىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ، قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنى مۇسادىرە قىلىدۇ، قوشۇمچە قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنىڭ بىر ھەسسىدىن يۇقىرى، 3 ھەسسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ؛ باشقىلارغا زىيان يەتكۈزگەنلەر قانۇن بويىچە ھەق تەلەپ تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

**34 - ماددا** پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئۆلچەش ياكى ئۇنىڭ قىممىتىنى باھالاش ئىسپاتى بېرىشتە قەستەن ساختىپەزلىك قىلغانلارنى پەن - تېخنىكا مەمۇرىي تارمىقى تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ، ئۇلارغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ، ئۇلارنىڭ قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنى مۇسادىرە قىلىدۇ، قوشۇمچە ئۆلچەشنى تەشكىللىگۈچىگە، باھالاش ئاپپاراتىغا قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنىڭ بىر ھەسسىدىن يۇقىرى، 3 ھەسسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىرلىرىنىڭ تىجارەت كىنىشكىسى ۋە سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىنى سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى ۋە گۇۋاھنامە تارقاتقان ئورگان قانۇن بويىچە بىكار قىلىدۇ. باشقىلارغا ئىقتىسادىي زىيان سالغانلار قانۇن بويىچە ھەق تەلەپ تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

**35 - ماددا** باشقىلارنىڭ بىلىم - مۈلۈك ھوقۇقىنى ۋە باشقا تېخنىكا ھوقۇق - مەنپەئەتىنى ئوغرىلىغان ئۇنىڭغا دەخلى - تەرۇز قىلغان ياكى ئالاقىدار كىشىلەرنى باشقىلارنىڭ پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئوغرىلاشقا، ئىگىلىۋېلىشقا كۈشكۈرتۈپ، ئازدۇرۇپ ۋە مەجبۇرلاپ باشقىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىگە دەخلى - تەرۇز قىلغانلار قانۇن بويىچە ھەق تەلەپ جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالغاندىن باشقا، ئۇلارنىڭ قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنى پەن - تېخنىكا مەمۇرىي تارمىقى قانۇن بويىچە مۇسادىرە قىلىدۇ، قوشۇمچە قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنىڭ بىر ھەسسىدىن يۇقىرى 3 ھەسسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

**36 - ماددا** ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۆز ئورنىنىڭ رۇخسىتىسىز ئۆز ئورنىنىڭ تېخنىكا مەخپىيىتىنى ئاشكارىلاپ قويسا ياكى ۋەزىپە ئىچىدىكى پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئۆز مەيلىچە ئۆتۈنۈپ بەرسە، باشقىچە يول بىلەن ئۆتۈنۈپ بەرسە؛ پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇشقا قاتناشقان مۇناسىۋەتلىك خادىملار ئۆز ئورنى بىلەن تۈزگەن كېلىشىمگە خىلاپلىق قىلسا؛ خىزمەتتىن ئايرىلغان، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن پۈتتۈشكەن مۇددەت ئىچىدە ئەسلى ئورنىدىكى بىلەن ئوخشاش پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانسا، مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەر بويىچە قانۇنىي جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

**37 - ماددا** تېخنىكا سودىسىدا ۋاكالەتچىلىك ياكى ئارىچىلىق قىلىدىغان ۋاستىچى ئاپپاراتلار ۋە بىدىكلەر ھاۋالە قىلغۇچىنى ئالدىسا ياكى ئالاقىدار بىر تەرەپ بىلەن تىل

بېرىكتۈرۈۋېلىپ يەنە بىر تەرەپنى ئالدىسا، قانۇن بويىچە ھەق تەلەپ تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالغاندىن باشقا، پەن - تېخنىكا مەمۇرىي تارمىقى ئۇلارنى تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ، ئۇلارغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ، ئۇلارنىڭ قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنى مۇسادىرە قىلىدۇ، قوشۇمچە قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنىڭ 2 ھەسسىدىن يۇقىرى، 5 ھەسسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىرلىرىنىڭ تىجارەت كىنىشكىسى ۋە سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىنى سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى ۋە گۇۋاھنامە تارقاتقان ئورگان قانۇن بويىچە بىكار قىلىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرىنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

**38 - ماددا** پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش پائالىيىتىدە پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش خىراجىتىنى ئىگىلىۋالغان، ئىشلىتىۋالغان ياكى تۇتۇپ قالغانلارنى ئالاقىدار مەسئۇل تارماق قايتۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ ھەمدە بىۋاسىتە جاۋابكارلارغا مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ.

**39 - ماددا** پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش پائالىيىتىدە خىزمەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇشقا قەستەن كاشىلا ۋە توسقۇنلۇق قىلىپ ياكى ئايلاندۇرۇشقا باب كەلمەيدىغان پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇشقا زورلاپ ئىقتىسادىي زىيان پەيدا قىلغانلارغا ئۆز ئورنى ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك مەمۇرىي تارماق مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ.

**40 - ماددا** پەن - تېخنىكا مەمۇرىي تارمىقى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ خادىملىرىدىن پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش داۋامىدا بىپەرۋالىق قىلغان، نەپسانىيەتچىلىك قىلغانلارغا ئۆز ئورنى ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك مەمۇرىي تارماق مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

## 6 - باب قوشۇمچە پرىنسىپ

**41 - ماددا** بۇ چارە 1999 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كەنت ئاھالە كومىتېتى سايلام چارىسى

**(1999 - يىل 5 - ئاينىڭ 31 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 9 - يىغىنىدا ماقۇللاندى).**

## 1 - باب ئومۇمىي پرىنسىپ

**1 - ماددا** بۇ چارە كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ بىۋاسىتە سايلام تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، كەنت ئاھالىسىنىڭ دېموكراتىك سايلام ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىنى كاپالەتلەندۈرۈش، كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش مەقسىتىدە، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» (تۆۋەندە «كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» دېيىلىدۇ) غا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈپ چىقىلدى.

**2 - ماددا** كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ سايلىمىنى ئىللا، ئادىل، ئاشكارا بولۇش پرىنسىپى بويىچە قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپكە قاتتىق ئەمەل قىلىپ ئېلىپ بېرىش كېرەك.

كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىر ۋە ئەزالىرىنى شۇ كەنتتىكى سايلاش ۋە سايلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە كەنت ئاھالىسى (تۆۋەندە سايلىغۇچىلار دېيىلىدۇ) بىۋاسىتە سايلايدۇ، ئۇلار ئۇدا سايلانسا بولىدۇ. ھەر قانداق تەشكىلات ياكى شەخسنىڭ كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىدىكىلەرنى بەلگىلەپ بېرىشىگە، ئەۋەتىشىگە ياكى ئالماشتۇرۇۋېتىشىگە يول قويۇلمايدۇ.

**3 - ماددا** كەنت ئاھالە كومىتېتى مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىر ۋە ئەزا بولۇپ 3 تىن 7 گىچە تاق ساندىن تەركىب تاپىدۇ. كونكرېت سان كەنت ئاھالە يىغىنى ياكى كەنت ئاھالە ۋەكىللىرى يىغىنىدا كەنت ئاھالە سانىغا قاراپ بېكىتىلىدۇ. ئاھالىسى 500 دىن تۆۋەن كەنتلەردە ئادەتتە 3 بولىدۇ؛ ئاھالىسى 500 دىن يۇقىرى، 2000 دىن تۆۋەن كەنتلەردە ئادەتتە 5 بولىدۇ؛ ئاھالىسى 2000 دىن يۇقىرى كەنتلەردە 7 دىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىدە ئاياللار بولۇشى كېرەك؛ كۆپ مىللەت ئولتۇراقلاشقان كەنتلەردە مىللەت تەركىبىنى نەزەردە تۇتۇش كېرەك.

**4 - ماددا** كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى 3 يىل بولىدۇ، نۆۋىتى توشقاندا نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى ۋاقتىدا ئۆتكۈزۈلىدۇ.

ئالاھىدە ئەھۋالدا، كەنت ئاھالە يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىش، يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق (تۆۋەندە يېزا دەرىجىلىك دېيىلىدۇ) خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ناھىيىلىك، شەھەرلىك، رايونلۇق (تۆۋەندە ناھىيە دەرىجىلىك دېيىلىدۇ) خەلق ھۆكۈمىتىگە تەستىقلىتىش ئارقىلىق ئالدىغا ياكى ئارقىغا سۈرۈشكە بولىدۇ، لېكىن ئالدىغا ياكى ئارقىغا سۈرۈش ۋاقتىنى 3 ئايدىن ئاشۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ.

**5 - ماددا** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى كەنت ئاھالە كومىتېتى سايلىمىدا رەھبەرلىك يادروسلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرىدۇ؛ ئاساسىي قانۇن ۋە ئالاقىدار قانۇن، نىزاملار بويىچە كەنت ئاھالىسىنىڭ دېموكراتىك سايلام ھوقۇقىنى بىۋاسىتە يۈرگۈزۈشىنى قوللايدۇ ۋە كاپالەتلەندۈرىدۇ.

**6 - ماددا** كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ سايلام خىزمىتىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرىدۇ، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى، ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە كونكرېت ئورۇنلاشتۇرىدۇ، ناھىيە ۋە يېزا دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەشكىللەيدۇ.

ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ سايلام خىزمىتىنى تەشكىللەش خىراجىتى شۇ دەرىجىلىك مالىيە چىقىمىغا كىرگۈزۈلىدۇ. كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ سايلام خىراجىتى كەنتنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمىدىن چىقىم قىلىنىدۇ، يېزا دەرىجىلىك مالىيىدىن مۇۋاپىق ياردەم بېرىلىدۇ.

**7 - ماددا** ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى ۋە يېزا دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتلىرى كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام سايلىمىنى نازارەت قىلىدۇ ۋە تەكشۈرىدۇ، كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام لايىھىسىنى قاراپ چىقىپ تەستىقلاش، خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاش، كەنت ئاھالىسىنىڭ ئەرز، پاش قىلىش ۋە شىكايەتلىرىنى قوبۇل قىلىش، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى تۈزىتىشكە ئوخشاش ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، «كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» ۋە مۇشۇ چارىنىڭ ئۆز مەمۇرىي رايونىدا يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

**8 - ماددا** كەنت ئاھالە كومىتېتى سايلىمىدا ئېلان قىلىنىدىغان سايلام ھۆججىتى، سايلىغۇچىلار ئىسملىكى، سايلىغۇچىلىق گۇۋاھنامىسى، نامزاتلار ئىسملىكى، سايلام بېلىتى ۋە باشقىلاردا شۇ جايدا ئورتاق قوللىنىلىدىغان تىل - يېزىقنى قوللىنىش كېرەك.

## 2 - باب سايلام خىزمىتى ئاپپاراتى ۋە ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتى

**9 - ماددا** ناھىيە ۋە يېزا دەرىجىلىك ئورۇنلاردا كەنت ئاھالە كومىتېتى سايلام خىزمىتى رەھبەرلىك ئاپپاراتى قۇرۇلىدۇ، بۇ ئاپپارات ئۆز مەمۇرىي رايونىدىكى كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ سايلام خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسلىق مەسئۇلىيىتى:

(1) ئاساسىي قانۇن ۋە ئالاقىدار قانۇن، نىزاملارنى تەشۋىق قىلىش؛

(2) ئۆز مەمۇرىي رايونىدىكى سايلام خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىش؛

(3) سايلام خىزمەتچىلىرىنى تەربىيىلەش؛

(4) سايلام خىزمىتىگە دائىر ئەرز، پاش قىلىش ۋە شىكايەتلەرنى قوبۇل قىلىش؛

(5) كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ سايلام كۈنىنى بېكىتىش ۋە ئېلان قىلىش؛

(6) سايلام خىزمىتى تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ۋە ئالماشتۇرۇشقا تەشكىللەش؛

(7) كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ تەركىبىگە كىرگەنلەرگە سايلانغانلىق گۇۋاھنامىسى بېرىش؛

(8) سايلام خىزمىتى ئارخىپى تۇرغۇزۇش؛

(9) سايلامدىكى باشقا ئىشلارنى بېجىرىش.

**10 - ماددا** كەنت ئاھالە كومىتېتى سايلىمىغا كەنت ئاھالە سايلام ھەيئىتى رىياسەتچىلىك قىلىدۇ. كەنت ئاھالە سايلام ھەيئىتى ئەزالىرىنى ئالدىنقى نۆۋەتلىك كەنت ئاھالە كومىتېتى كەنت ئاھالە يىغىنى ياكى كەنت ئاھالە ۋەكىللىرى يىغىنى چاقىرىپ سايلايدۇ. ئۇنىڭ سانى 5 تىن 9 غىچە بولىدۇ. كەنت ئاھالە سايلام ھەيئىتى ئەزالىرى ئۆز ئىچىدىن بىر كىشىنى سايلام خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىشقا سايلايدۇ.

كەنت ئاھالە سايلام ھەيئىتى ئەزالىرى ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار ۋە دۆلەتنىڭ سىياسىتىگە رىئايە قىلىشى، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىشى، كەنت ئاھالىسىنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىشى، ئىشتا ئادىل، ئىستىلدا دۇرۇس بولۇشى، مۇئەييەن تەشكىللەش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشى كېرەك.

كەنت ئاھالە سايلام ھەيئىتى ئەزالىرى يېزا دەرىجىلىك كەنت ئاھالە كومىتېتى سايلام خىزمىتى رەھبەرلىك ئاپپاراتىغا ئەنگە ئالدۇرۇلىدۇ.

**11 ـ ماددا** كەنت ئاھالە سايلام ھەيئىتى تۆۋەندىكى مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىدۇ:

(1) «كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى»نى ۋە مۇشۇ چارىنى تەشۋىق قىلىدۇ ۋە ئىجرا قىلىدۇ.

(2) سايلام خىزمىتى لايىھىسىنى تۈزىدۇ؛

(3) سايلام خىزمەتچىلىرىنى بېكىتىدۇ ۋە تەربىيىلەيدۇ؛

(4) سايلىغۇچىلارنى تىزىملايدۇ، سايلىغۇچىلارنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرىدۇ، سايلىغۇچىلار ئىسىملىكىنى ئېلان قىلىدۇ، سايلىغۇچىلىق گۇۋاھنامىسىنى تارقىتىدۇ، سايلىغۇچىلار ئىسىملىكى ئۈستىدىكى ئەرزلەرنى قوبۇل قىلىدۇ؛

(5) كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىدىكىلەر نامزاتىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى، سايلام بېلىتى، ھاۋالىنامە ۋە باشقا ماتېرىياللارنى تەييارلايدۇ. سايلامنىڭ كونكرېت ۋاقتى، ئورنى ۋە بېلەت تاشلاش ئۇسۇلىنى بېكىتىدۇ؛

(6) سايلىغۇچىلارنى نامزاتنى غۇلغۇلا قىلىپ كۆرسىتىشكە تەشكىللەيدۇ ۋە نامزاتلار ئىسىملىكىنى كۆپ ساندىكى سايلىغۇچىلارنىڭ پىكرىگە ئاساسەن قانۇن بويىچە بېكىتىدۇ، ئېلان قىلىدۇ؛

(7) قانۇن، نىزاملار بويىچە سايلام يىغىنىنىڭ كونكرېت سايلام چارىسىنى تەييارلايدۇ؛

(8) سايلامغا ياخشى تەييارلىق كۆرىدۇ، سايلام يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلىدۇ، بېلەت تاشلاشقا تەشكىلاتچىلىق قىلىدۇ، سايلام نەتىجىسىنى ئېلان قىلىدۇ ۋە يۇقىرىغا يوللايدۇ؛

(9) سايلام خىزمىتى ئەھۋالىنى خۇلاسىلەيدۇ ۋە يۇقىرىغا يوللايدۇ، سايلام خىزمىتى ئارخىپى تۇرغۇزىدۇ؛

(10) سايلام خىزمىتىگە دائىر باشقا ئىشلارنى بېجىرىدۇ.

كەنت ئاھالە سايلام ھەيئىتىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ۋاقتى ئۆزى ۋۇجۇدقا كەلگەن كۈندىن باشلاپ يېڭى بىر نۆۋەتلىك كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ 1 ـ يىغىنىغىچە بولىدۇ.

## 3 ـ باب سايلىغۇچىلارنى تىزىملاش

**12 ـ ماددا** سايلام كۈنى 18 ياشقا توشقان كەنت ئاھالىسى مىللىتى، جىنسى، كەسپى، ئائىلە كېلىپ چىقىشى، دىنىي ئېتىقادى، بىلىم دەرىجىسى، مال ـ مۈلۈك ئەھۋالى، ئولتۇراقلىشىش ۋاقتىغا قارىماي، سايلاش ۋە سايلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە، ئەمما قانۇن بويىچە سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغانلار بۇنىڭ سىرتىدا.

**13 ـ ماددا** سايلىغۇچى نوپۇسى تۇرۇشلۇق كەنتتە سايلىغۇچىلىققا تىزىملىتىشى كېرەك.

كەنت ئاھالىسىنىڭ بېشىنى ھېسابلاشتا كىملىكى ئۆلچەم قىلىنىدۇ؛ كىملىكنى بېجىرمىگەنلەرنىڭ بېشىنى ھېسابلاشتا نوپۇس دەپتىرى ئۆلچەم قىلىنىدۇ.

**14 ـ ماددا** تۆۋەندىكى ئەھۋالنىڭ بىرى بولغانلار كەنت ئاھالە سايلام ھەيئىتىنىڭ ئېتىراپ قىلىشى بىلەن سايلىغۇچىلار ئىسىملىكىگە كىرگۈزۈلمەيدۇ.

(1) ئۆز ئارزۇسىنى ئىپادىلىيەلمەيدىغان روھىي كېسەللەر ۋە گومۇشلار؛

(2) سىرتقا چىقىپ كەتكەنلىكتىن ئالاقىلىشىش مۇمكىن بولمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە سايلام كۈنى كەنتكە قايتىپ كېلىپ سايلامغا قاتنىشالمايدىغانلار.

**15 ـ ماددا** سايلىغۇچىلار ئىسىملىكى سايلام كۈنىدىن 20 كۈن بۇرۇن ئېلان قىلىنىدۇ ھەمدە سايلىغۇچىلىق گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلىدۇ. كەنت ئاھالىسى ئېلان قىلىنغان سايلىغۇچىلار ئىسىملىكىگە باشقىچە پىكىردە بولسا ياكى خاتا تىزىملاش، چالا تىزىملاش، تەكرار تىزىملاشقا ئوخشاش ئەھۋاللارنى سەزسە، سايلام كۈنىدىن 10 كۈن بۇرۇن كەنت ئاھالە سايلام ھەيئىتىگە ئىنكاس قىلسا بولىدۇ. كەنت ئاھالە سايلام ھەيئىتى سايلام كۈنىدىن بۇرۇن تەكشۈرۈشى ھەمدە ئېنىق جاۋاب بېرىشى ياكى تۈزىتىشى كېرەك.

## 4 ـ باب نامزاتلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش

**16 ـ ماددا** كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىدىكىلەر نامزاتى تۆۋەندىكى شەرتلەرنى ھازىرلىشى كېرەك:

(1) ئاساسىي قانۇن، قانۇن، نىزاملارغا ۋە دۆلەتنىڭ سىياسىتىگە رىئايە قىلىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش؛

(2) ئىشتا ئادىل، پاك ـ دىيانەتلىك، ئىستىلدا دۇرۇس بولۇش، ئاممىا ئارىسىدا ئىناۋىتى بولۇش، كەنت ئاھالىسىگە قىزغىن مۇلازىمەت قىلىش، كەنت ئاھالىسىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش؛

(3) مۇئەييەن مەدەنىيەت ساپاسى ۋە خىزمەت ئىقتىدارى بولۇش، تېنى ساغلام بولۇش، ئاممىنى ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ ئورتاق بېيىشقا، دۆلەتنىڭ ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشقا، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇشقا يېتەكلىيەلەيدىغان بولۇش.

**17 ـ ماددا** كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىر ۋە ئەزالىرى پەرقلىق سان سايلىمى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلىدۇ. كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرىنىڭ رەسمىي نامزات سانى سايلاشقا تېگىشلىك ساندىن بىر كىشى ئارتۇق بولىدۇ؛ كەنت ئاھالە كومىتېتى ئەزالىرىنىڭ رەسمىي نامزات سانى سايلاشقا تېگىشلىك ساندىن بىردىن 3 كىچە كىشى ئارتۇق بولىدۇ.

**18 ـ ماددا** كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىر ۋە ئەزالىرى نامزاتىنى كەنت ئاھالە سايلام ھەيئىتىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن سايلىغۇچىلار بىۋاسىتە كۆرسىتىدۇ، كەنت ئاھالە يىغىنى ياكى كەنت ئاھالە گۇرۇپپىلىرى يىغىنى ئېچىپ كۆرسىتىشكىمۇ بولىدۇ. نامزات كۆرسەتكەندە سايلىغۇچى كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىدىكىلەر نامزاتىنى كۆرسىتىش جەدۋىلىنى تولدۇرىدۇ، ھەر بىر سايلىغۇچى كۆرسەتكەن نامزات سانى سايلاشقا تېگىشلىك ساندىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. دەسلەپكى نامزاتلار ئىسىملىكىنى كەنت ئاھالە سايلام ھەيئىتى ئومۇملاشتۇرغاندىن كېيىن، سايلام كۈنىدىن 10 كۈن بۇرۇن ئېلان قىلىدۇ.

**19 ـ ماددا** دەسلەپكى نامزاتلار ئىسىملىكى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، كەنت ئاھالە سايلام ھەيئىتى سايلىغۇچىلاردىن كەڭ تۈردە پىكىر ئېلىشى ھەمدە رەسمىي نامزاتلارنى تەييارلىق سايلىمى ئارقىلىق بېكىتىشى كېرەك. تەييارلىق سايلىمى ئۆتكۈزۈشتە، كەنت ئاھالە سايلام ھەيئىتى بېلەت تاشلاش پونكىتى ۋە بېلەتنى مەخپىي تولدۇرۇش ئورنى تەسىس قىلىدۇ ھەمدە بېلەت نازارەتچىسى ۋە بېلەت ھېسابلىغۇچىنى سايلاپ چىقىپ، بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە سايلىغۇچىلارنى تەشكىللەيدۇ. سايلىغۇچىلار سايلام بېلىتىدە تولدۇرغان نامزات سانى سايلاشقا تېگىشلىك ساندىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. بېلەت تاشلاش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، بېلەتنى ئاشكارا ھېسابلاپ، رەسمىي نامزاتلار ئىسىملىكىنى ئېرىشكەن ئاۋاز سانىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈك رېتى بويىچە بېكىتىش كېرەك.

رەسمىي نامزاتلار ئىسىملىكىنى ئېرىشكەن ئاۋاز سانىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈك رېتى بويىچە سايلام كۈنىدىن 5 كۈن بۇرۇن ئېلان قىلىش كېرەك.

سايلىغۇچىلار كۆرسەتكەن دەسلەپكى نامزاتلارنى ياكى قانۇن بويىچە بېكىتىلگەن رەسمىي نامزاتلارنى ھەر قانداق تەشكىلات ياكى شەخسنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىشىگە، تەڭشىشىگە ياكى ئۆزگەرتىۋېتىشىگە يول قويۇلمايدۇ.

**20 ـ ماددا** بىر كىشى بىرلا ۋاقىتتا 2 دىن ئارتۇق ۋەزىپە نامزاتلىقىغا كۆرسىتىلگەندە، ئۇنى نامزاتلار ئىسىملىكىگە كىرگۈزۈپ، قېتىمغا بۆلۈپ بېلەت تاشلاپ سايلاشقا قويۇش كېرەك.

كەنت ئاھالە سايلام ھەيئىتى ئەزالىرىدىن كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىگە كىرىدىغان رەسمىي نامزات قىلىپ بېكىتىلگەنلىرى كەنت ئاھالە سايلام ھەيئىتىنىڭ خىزمىتىگە قاتناشمايدۇ، كەم سان كەنت ئاھالە يىغىنى ياكى كەنت ئاھالە ۋەكىللىرى يىغىنىدا سايلاپ چىقىلىدۇ.

**21 ـ ماددا** كەنت ئاھالە سايلام ھەيئىتى رەسمىي نامزاتلارنىڭ ئەھۋالىنى باراۋەر، ئوبيېكتىپ، ئاشكارا بولۇش پرىنسىپى بويىچە سايلىغۇچىلارغا تونۇشتۇرۇشى كېرەك. سايلام كۈنىدىن بۇرۇن كەنت ئاھالە يىغىنى ياكى كەنت ئاھالە ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىپ، نامزاتلار كەنت باشقۇرۇش نۇتقى سۆزلەشكە تەكلىپ قىلىنسا ھەمدە سايلىغۇچىلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەرسە بولىدۇ، ئەمما سايلام كۈنى نامزاتلارنى تونۇشتۇرۇشنى توختىتىش كېرەك.

نامزاتلارنىڭ كەنت باشقۇرۇش نۇتقى سۆزلىشى، سايلىغۇچىلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىشى قانۇن، نىزام ۋە سىياسەت دائىرىسىدە بولۇشى كېرەك. سايلىغۇچىلار نامزاتلارغا سوئال قويغاندا، كەنت ئىشلىرى قۇرۇلۇشى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات قاتارلىق جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى قويۇشى، جىسمانىي جەھەتتىن ھۇجۇم قىلماسلىقى كېرەك.

## 5 ـ باب سايلام تەرتىپى

**22 ـ ماددا** كەنت ئاھالە كومىتېتىنى سايلاشتا، كەنت ئاھالە سايلام ھەيئىتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە سايلام يىغىنى ئېچىلىدۇ. چەت ـ يىراق، تارقاق، قاتناش قولايسىز ئايرىم كەنتلەردە بېلەت تاشلاش پونكىتى تەسىس قىلىنسا بولىدۇ، قېرى، ئاجىز، كېسەل، مېيىپ بولغانلىقتىن سايلام يىغىنىغا ياكى بېلەت تاشلاش پونكىتىغا كېلىپ بېلەت تاشلىيالمايدىغان سايلىغۇچىلار ئۈچۈن كۆچمە بېلەت ساندۇقى تەسىس قىلىنسا بولىدۇ. ھەر بىر بېلەت تاشلاش پونكىتى ۋە كۆچمە بېلەت ساندۇقىغا سايلام ھەيئىتى ئەزاسى ۋە 2 بېلەت نازارەتچىسى مەسئۇل بولىدۇ.

بېلەت تاشلاش پونكىتىدىكى بېلەت ساندۇقىغا ۋە كۆچمە بېلەت ساندۇقىغا بېلەت تاشلاش ئىشىنى سايلام كۈنىدىكى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىش ھەمدە پۈتتۈرۈش كېرەك.

بېلەت تاشلاش پونكىتىدىكى بېلەت ساندۇقىغا ۋە كۆچمە بېلەت ساندۇقىغا بېلەت تاشلاش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، بېلەت ساندۇقىنى دەرھال پېچەتلەپ، سايلام يىغىنى مەيدانىغا ئاپىرىپ

ئېچىش ۋە بېلەت ھېسابلاش كېرەك.

سايلام يىغىنى مەيدانى ۋە بېلەت تاشلاش پونكىتىدا بېلەت تارقىتىش ئورنى ۋە بېلەتنى مەخپىي تولدۇرۇش ئورنى تەسىس قىلىنىدۇ. سايلىغۇچىلار سايلام بېلىتىنى سايلىغۇچىلىق گۇۋاھنامىسى ۋە ھاۋالىنامە بىلەن ئېلىپ، مەخپىي تولدۇرۇش ئورنىدا تولدۇرۇپ، بېلەت ساندۇقىغا تاشلايدۇ. سايلىغۇچى ساۋاتسىزلىق ياكى مېيىپلىق تۈپەيلىدىن سايلام بېلىتىنى تولدۇرالمىسا، ئۆزى ئىشىنىدىغان كىشىگە يازدۇرسا بولىدۇ، يېزىپ بەرگۈچى سايلام بېلىتىنى يازدۇرغۇچىنىڭ ئارزۇسى بويىچە تولدۇرۇشى كېرەك.

سايلىغۇچى سايلام كۈنى سىرتقا چىقىپ كېتىپ، بىۋاسىتە بېلەت تاشلاشقا كېلەلمەيدىغان بولسا، سايلام كۈنىدىن بۇرۇن كەنت ئاھالە سايلام ھەيئىتىدىن ھاۋالىنامىنى ئېلىپ، بېلەت تاشلاشنى شۇ كەنتتىكى نامزات بولمىغان سايلىغۇچىغا ھاۋالە قىلىشى كېرەك. ھەربىر سايلىغۇچى 3 تىن ئارتۇق كىشىنىڭ ھاۋالىسىنى قوبۇل قىلماسلىقى كېرەك.

**23 - ماددا** بېلەت تاشلاشتىن بۇرۇن كەنت ئاھالە يىغىنى ياكى كەنت ئاھالە ۋەكىللىرى يىغىنىدا يىغىنىنىڭ سايلام چارىسى ماقۇللىنىدۇ، بېلەت نازارەتچىسى ۋە بېلەت ھېسابلىغۇچى سايلاپ چىقىلىدۇ.

كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىگە كىرىدىغان نامزات ۋە ئۇنىڭ جۈرىسى، بىۋاسىتە تۇغقانلىرى سايلام يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلسا بولمايدۇ، بېلەت نازارەتچىسى ۋە بېلەت ھېسابلىغۇچى بولسىمۇ بولمايدۇ.

**24 - ماددا** سايلامدا يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. سايلىغۇچىلار بېكىتىلگەن نامزاتقا قوشۇلۇپ ئاۋاز بەرسىمۇ، قارشى ئاۋاز بەرسىمۇ، باشقا سايلىغۇچىنى سايلىسىمۇ، ھوقۇقىدىن ۋاز كەچسىمۇ بولىدۇ. ھەربىر سايلىغۇچىنىڭ بىر قېتىملىق سايلامدا پەقەت بىر كىشىلىك ئاۋاز بېرىش ھوقۇقى بولىدۇ.

بېلەت تاشلاش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، بېلەت نازارەتچىسى ۋە بېلەت ھېسابلىغۇچى بېلەت ساندۇقىنى ئامما ئالدىدا ئېچىپ، بېلەت تاشلىغان ئادەم سانى بىلەن تاشلانغان بېلەت سانىنى سېلىشتۇرۇپ خاتىرىگە ئالىدۇ، خاتىرىگە بېلەت نازارەتچىسى ئىمزا قويىدۇ، ھەر قېتىملىق سايلامدا تاشلانغان بېلەت سانى بېلەت تاشلىغان ئادەم سانىدىن ئارتۇق بولسا، سايلام ئىناۋەتسىز بولىدۇ، بېلەت تاشلىغان ئادەم سانىغا تەڭ ياكى ئۇنىڭدىن ئاز بولسا سايلام ئىناۋەتلىك بولىدۇ. سايلامنىڭ ئىناۋەتلىك بولغانلىقى بېكىتىلگەندىن كېيىن، بېلەت نەق مەيداندا ئاشكارا ھېسابلىنىدۇ.

بېلەت ھېسابلىنىپ بولغاندىن كېيىن بېلەت نازارەتچىسى بېلەت ھېسابلاش نەتىجىسىنى ئېلان قىلىدۇ؛ يىغىن رىياسەتچىسى سايلام نەتىجىسىنى ئېلان قىلىدۇ.

**25 - ماددا** كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىر ۋە ئەزالىرىنى سايلىغاندا، بېلەتنى ۋەزىپە بويىچە قېتىمغا بۆلۈپ تاشلاش ئۇسۇلى قوللىنىلسىمۇ، بىر يولىلا تاشلاش ئۇسۇلى قوللىنىلسىمۇ بولىدۇ. بېلەتنى بىر يولىلا تاشلاش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا، ھەربىر سايلام بېلىتىدە سايلانغان ئادەم سانى قايسى تۈردە سايلاشقا تېگىشلىك ئادەم سانىدىن ئېشىپ كەتسە، شۇ تۈر ئىناۋەتسىز بولىدۇ. سايلاشقا تېگىشلىك ئادەم سانىغا تەڭ ياكى ئۇنىڭدىن ئاز بولغىنى ئىناۋەتلىك بولىدۇ؛ قايسى تۈر پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان دەرىجىدە تۇتۇق يېزىلغان ياكى بەلگىلەنگەن بەلگە بويىچە يېزىلمىغان بولسا، شۇ تۈر ئىناۋەتسىز بولىدۇ. ئىناۋەتسىز بېلەت سايلام بېلىتى ئومۇمىي سانىغا كىرگۈزۈلىدۇ.

بارلىق سايلىغۇچىلارنىڭ تەڭدىن تولىسى بېلەت تاشلاشقا قاتناشقان سايلام ئىناۋەتلىك بولىدۇ؛ بېلەت تاشلاشقا قاتناشقان سايلىغۇچىلارنىڭ تەڭدىن تولىسى قوشۇلۇپ ئاۋاز بەرگەن نامزات سايلانغان بولىدۇ.

تەڭدىن تولا ئاۋازغا ئېرىشكەن نامزاتلار سانى سايلاشقا تېگىشلىك ئادەم سانىدىن ئېشىپ كەتسە، كۆپ ئاۋازغا ئېرىشكىنى سايلانغان بولىدۇ؛ ئاۋاز سانى تەڭ چىقىپ قېلىپ، سايلانغۇچىنى بېكىتكىلى بولمىسا، شۇ نامزاتقا قايتا بېلەت تاشلىنىدۇ، كۆپ ئاۋازغا ئېرىشكىنى سايلانغان بولىدۇ.

تەڭدىن تولا ئاۋازغا ئېرىشىپ سايلانغانلار سانى سايلاشقا تېگىشلىك ئادەم سانىدىن ئاز بولۇپ قالسا، كەم سان سايلانماي قالغان نامزاتلار ئىچىدىن ئايرىم سايلاپ چىقىلىدۇ. ئايرىم سايلام ئۆتكۈزگەندە، نامزاتلار ئىسمىلىكى 1 - قېتىم سايلام ئۆتكۈزگەندە ئېرىشكەن ئاۋاز سانىنىڭ ئاز - كۆپلۈك رەتى بويىچە مۇشۇ چارىدە بەلگىلەنگەن پەرقلىق سانغا قاراپ بېكىتىلىپ، سايلام ئۆتكۈزۈلىدۇ.

**26 - ماددا** 2 قېتىملىق سايلامدا سايلانغانلارنىڭ سانى يەنىلا سايلىنىشقا تېگىشلىك سانغا يەتمەي، سايلانغان ئادەم سانى 3 كىشىدىن ئاشقان بولسا، كەم سان كەم پېتى تۇرۇپ تۇرىدۇ. مۇدىرنىڭ ئورنى بوش قالغاندا، مۇئاۋىن مۇدىر مۇدىرنىڭ خىزمىتىنى مۇدىر سايلانغىچە ئىشلەپ تۇرىدۇ.

سايلانغان ئادەم سانى 3 كىشىگە يەتمىگەن، لېكىن كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى سايلاپ چىقىلغان بولسا، كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى خىزمەتكە رىياسەتچىلىك قىلىدۇ، كەم سان 3 ئاي ئىچىدە قانۇن بويىچە سايلام ئارقىلىق تولۇقلىنىدۇ.

**27 ـ ماددا** كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ سايلام نەتىجىسىنى كەنت ئاھالە سايلام ھەيئىتى يېزا دەرىجىلىك كەنت ئاھالە كومىتېتى سايلام خىزمىتى رەھبەرلىك ئاپپاراتىغا ئەنگە ئالدۇرىدۇ.

**28 ـ ماددا** كەنت ئاھالە كومىتېتى ۋۇجۇدقا كەلگەندىن كېيىن، 10 كۈن ئىچىدە سايلىغۇچىلارنى تەشكىللەپ، كەنت ئاھالە گۇرۇپپىلىرىنىڭ باشلىقلىرى، كەنت ئاھالە ۋەكىللىرىنى سايلاپ چىقىدۇ.

كەنت ئاھالە گۇرۇپپىلىرىنىڭ باشلىقىنى كەنت ئاھالە كومىتېتى كەنت ئاھالە گۇرۇپپىلىرى يىغىنى ئېچىپ سايلاپ چىقىدۇ.

كەنت ئاھالە ۋەكىللىرى ھەر 5 — 15 ئائىلىدىن بىر ۋەكىل كۆرسىتىش ياكى كەنت ئاھالە گۇرۇپپىلىرى بىر نەچچە كىشىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلىدۇ. كەنت ئاھالە ۋەكىللىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 25 تىن كەم بولمايدۇ، ئادەتتە 50 تىن ئېشىپ كەتمەيدۇ.

## 6 ـ باب ۋەزىپىدىن قالدۇرۇۋېتىش، ئىستېپا بېرىش ۋە تولۇقلاپ سايلاش

**29 ـ ماددا** كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىدىكىلەر كەنت ئاھالىسىنىڭ نازارىتىدە بولىدۇ.

كەنت ئاھالىسى كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىدىكىلەردىن قانۇن ـ ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان ياكى ئېغىر مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغانلىرىنى پاش قىلىشقا ياكى ۋەزىپىدىن قالدۇرۇۋېتىشنى تەلەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق. سايلىغۇچىلارنىڭ بەشتىن بىر قىسمىدىن كۆپرەكى بىرلىشىپ ئىمزا قويۇپ، شۇ كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىدىكىلەرنى ۋەزىپىدىن قالدۇرۇۋېتىشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ. ۋەزىپىدىن قالدۇرۇۋېتىش تەلىپى يازما قويۇلۇشى ھەمدە سەۋەبى ئېنىق يېزىلىشى لازىم.

يېزا دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قانۇن، ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان، ئېغىر مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغان ياكى كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ خىزمىتىگە ئۇدا 3 ئايدىن ئارتۇق سەۋەبسىز قاتناشمىغان كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىدىكىلەرنى ۋەزىپىدىن قالدۇرۇۋېتىش تەكلىپىنى بەرسە بولىدۇ.

ۋەزىپىدىن قالدۇرۇۋېتىش تەلىپى ياكى تەكلىپىنى كەنت ئاھالە كومىتېتى بىر ئاي ئىچىدە كەنت ئاھالە يىغىنى چاقىرىپ بىلەت تاشلاپ ئاۋازغا قويۇشى لازىم. كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىدىكىلەرنى ۋەزىپىدىن قالدۇرۇۋېتىش بارلىق سايلىغۇچىلارنىڭ تەڭدىن تولىسىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتۈشى كېرەك.

كەنت ئاھالە كومىتېتى ۋەزىپىدىن قالدۇرۇۋېتىش تەلىپى ياكى تەكلىپىنى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا كەنت ئاھالە يىغىنى چاقىرىپ بىلەت تاشلاپ ئاۋازغا قويمىسا، يېزا دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى كەنت ئاھالە يىغىنى چاقىرىپ بىلەت تاشلاپ ئاۋازغا قويۇشى لازىم.

كەنت ئاھالە يىغىنىدا ۋەزىپىدىن قالدۇرۇۋېتىش تەلىپى ياكى تەكلىپى مۇزاكىرە قىلىنغان ۋە ئاۋازغا قويۇلغاندا، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇۋېتىش تەلەپ قىلىنغان ياكى تەكلىپ قىلىنغان كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىدىكىلەر يىغىنغا قاتنىشىشقا ۋە ئۆزىنى ئاقلاش پىكرى بېرىشكە ھوقۇقلۇق.

**30 ـ ماددا** كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىدىكىلەر ۋەزىپىدىن ئىستېپا بېرىشنى تەلەپ قىلسا، كەنت ئاھالە كومىتېتىغا يازما ئوتتۇرىغا قويۇشى، كەنت ئاھالە كومىتېتى ئۇنىڭ ئىستېپاسىنى قوبۇل قىلىشى لازىم.

كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىگە سايلانغانلار ئىچىدە جۈرلۈك ۋە بىۋاسىتە تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بارلار بولسا، بىر تەرەپ ۋەزىپىدىن ئىستېپا بېرىشى لازىم.

**31 ـ ماددا** كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىدىكىلەر ئىستېپا بېرىش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇلۇش، ئۆلۈپ كېتىش، نوپۇسى يۆتكىلىش قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن كەملەپ كەتسە، 3 ئاي ئىچىدە تولۇقلاپ سايلاش كېرەك. تولۇقلاپ سايلاشقا كەنت ئاھالە كومىتېتى رىياسەتچىلىك قىلىدۇ، يېزا دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىگە تولۇقلاپ سايلىنىدىغان نامزات كۆپ سانلىق سايلىغۇچىنىڭ ئارزۇسى بويىچە بېكىتىلىدۇ، نامزات سانى سايلاشقا تېگىشلىك ساندىن كۆپ بولسىمۇ، ئۇنىڭغا تەڭ بولسىمۇ بولىدۇ. تولۇقلاپ سايلاش تەرتىپى ۋە ئۇسۇلىنى كەنت ئاھالە يىغىنى ياكى كەنت ئاھالە ۋەكىللىرى يىغىنى مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىدۇ. تولۇقلاپ سايلاشتا، سايلىغۇچىلارنىڭ تەڭدىن تولىسى بىلەت تاشلاشقا قاتناشقان سايلام ئىناۋەتلىك بولىدۇ؛ بىلەت تاشلاشقا قاتناشقان سايلىغۇچىلارنىڭ تەڭدىن تولىسى قوشۇلۇپ ئاۋاز بەرگەن نامزات سايلانغان بولىدۇ.

## 7 ـ باب قانۇنىي جاۋابكارلىق

**32 ـ ماددا** تۆۋەندىكى قىلمىشلارنىڭ بىرىنى سادىر قىلغانلارنى كەنت ئاھالىسى يېزا دەرىجىلىك خەلق

قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسىتى ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە ياكى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى بەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە ھەمدە ئۇلارنىڭ ئالاقىدار مەسئۇل تارماقلىرىغا پاش قىلىشقا ھوقۇقلۇق، ئالاقىدار ئورگان 15 كۈن ئىچىدە تەكشۈرۈشى ھەمدە قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىشى لازىم. بىۋاستە جاۋابكارغا ئىنتىزام چارىسى كۆرۈلىدۇ؛ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئامانلىق ساقلاش - باشقۇرۇش بويىچە جازالاش نىزامى» غا خىلاپلىق قىلغانلىرىغا جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى قانۇن بويىچە مەمۇرىي جازا بېرىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرىنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقىنى ئەدلىيە ئورگىنى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرىدۇ:

(1) كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىگە كىرىدىغانلار نامزاتىنى خالىغانچە ئەمەلدىن قالدۇرغان، تەڭشىۋەتكەن، ئۆزگەرتىۋەتكەن ياكى كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىگە كىرىدىغانلارنى بەلگىلەپ بەرگەن، ئەۋەتكەن، ئالماشتۇرۇۋەتكەنلەر؛ كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىنى سەۋەبسىز ئارقىغا سۈرگەنلەر؛

(2) سايلام يىغىنى تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرغانلار، سايلىغۇچىلارنى بىلەت تاشلىماسلىققا قۇتراتقانلار، نامزاتنى ياكى سايلام خىزمەتچىلىرىنى ھاقارەتلەش، ئۇلارغا تۆھمەت چاپلاش قاتارلىق باشقا ناچار قىلمىشلارنى سادىر قىلغانلار؛

(3) سايلامدىكى قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى شىكايەت قىلغان، پاش قىلغانلارنى ياكى كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىدىكىلەرنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇۋېتىشنى تەلەپ قىلغانلارنى سۈرۈشتۈرگەن، باسقان، ئۇلاردىن ئۆچ ئالغانلار؛

(4) سايلام بېلىتىنى ياسىۋالغانلار، سايلام نەتىجىسىنى يالغان دوكلات قىلغانلار ياكى باشقا ساختىپەزلىك قىلمىشلىرىنى سادىر قىلغانلار؛

(5) زورلۇق ئىشلىتىش، تەھدىت سېلىش، پارىخورلۇق قىلىش، سايلام بېلىتى ياكى بېلەت ساندۇقىنى بۇزۇۋېتىش قاتارلىق ۋاسىتىلەر بىلەن سايلىغۇچىلارنىڭ سايلاش ھوقۇقى ۋە سايلىنىش ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىگە دەخلى يەتكۈزۈپ، كەنت ئاھالە كومىتېتى سايلىمىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلار.

زورلۇق ئىشلىتىش، تەھدىت سېلىش، پارىخورلۇق قىلىش، ساختىپەزلىك قىلىش قاتارلىق ۋاسىتىلەر بىلەن سايلىنىۋالغانلارنىڭ سايلانغانلىقى ئىناۋەتسىز بولىدۇ.

## 8 - باب قوشۇمچە پرىنسىپ

**33 - ماددا** بۇ چارىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى چۈشەندۈرىدۇ.

**34 - ماددا** بۇ چارە ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەمگەك ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش نىزامى

(1999 - يىل 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 10 - يىغىنىدا ماقۇللاندى).

## 1 - باب ئومۇمىي پرىنسىپ

**1 - ماددا** بۇ نىزام ئەمگەك قانۇن، نىزاملىرىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئەمگەكچىلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش، قېلىپلاشقان، ئازادە ئىشقا ئورۇنلىشىش مۇھىتى يارىتىش، ئەمگەك ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە كۈچەيتىش مەقسىتىدە، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەمگەك قانۇنى» ۋە ئالاقىدار قانۇن، نىزاملارغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى.

**2 - ماددا** بۇ نىزام ئاپتونوم رايوندىكى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئەمگەك مەمۇرىي تارماقلىرىنىڭ ئۆز مەمۇرىي رايونىدا كارخانىلار، يەككە ئىگىلىك تەشكىلاتلىرى، ئەمگەكچىلەر بىلەن ئەمگەك توختامى مۇناسىۋىتى ئورناتقان دۆلەت ئورگانلىرى، كەسپىي ئورۇنلار ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار (تۆۋەندە ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلار دېيىلىدۇ) ئۈستىدىن ئەمگەك ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش خىزمىتىگە تەتبىقلىنىدۇ.

**3 - ماددا** بۇ نىزامدا ئېيتىلغان ئەمگەك ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش ئەمگەك مەمۇرىي تارماقلىرىنىڭ ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارنىڭ ئەمگەك قانۇن، نىزاملىرىغا رىئايە قىلىش ئەھۋالىنى قانۇن بويىچە نازارەت قىلىدىغان - تەكشۈرىدىغان ھەمدە ئەمگەك قانۇن، نىزاملىرىغا خىلاپ قىلمىشلارنى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىدىغان مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ.

**4 - ماددا** ئاپتونوم رايوندىكى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئالاقىدار

مەمۇرىي تارماقلىرى ئەمگەك ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئۆز مەسئۇلىيىتى دائىرىسىدە ھەمكارلىشىپ ئوبدان ئىشلىشى كېرەك.

**5 - ماددا** بىكەتۈەنىڭ ئەمگەك ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش خىزمىتىگە بىكەتۈەنىڭ ئەمگەك باشقۇرۇش ئاپپاراتى مەسئۇل بولىدۇ ھەمدە ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك مەمۇرىي تارمىقىنىڭ نازارىتى ۋە يېتەكچىلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ.

**6 - ماددا** ئەمگەك ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش خىزمىتىدە تەربىيە بېرىش بىلەن جازالاشنى بىرلەشتۈرۈش، مەخسۇس نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش بىلەن ئامما نازارەت قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش ۋە قانۇنلۇق، ئاشكارا، ئادىل بولۇش پرىنسىپى يولغا قويۇلىدۇ.

**7 - ماددا** ھەر قانداق تەشكىلات ۋە شەخس ئەمگەك قانۇن، نىزاملىرىغا خىلاپ قىلمىشلارنى ئەمگەك مەمۇرىي تارمىقى ۋە ئالاقىدار تارماقلارغا پاش قىلىش ۋە شىكايەت قىلىشقا ھوقۇقلۇق.

## 2 - باب مەسئۇلىيەت دائىرىسى

**8 - ماددا** ئاپتونوم رايوندىكى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئەمگەك مەمۇرىي تارماقلىرى ئۆزىنىڭ خىزمەت ھوقۇقى دائىرىسىدە ئەمگەك ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈشتە تۆۋەندىكى مەسئۇلىيەتنى قانۇن بويىچە ئادا قىلىدۇ:

(1) ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارنىڭ ئەمگەك قانۇن، نىزاملىرىغا رىئايە قىلىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىپ ۋە تەكشۈرۈپ، ئەمگەك قانۇن، نىزاملىرىغا خىلاپ قىلمىشلارنى قانۇن بويىچە تۈزىتىدۇ ۋە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىدۇ؛

(2) ئەمگەك قانۇن، نىزاملىرىغا خىلاپ قىلمىشلار ئۈستىدىن قىلىنغان ئەرز - شىكايەتنى بىر تەرەپ قىلىدۇ؛

(3) قانۇن، نىزاملاردا بەلگىلەنگەن باشقا نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىدۇ.

**9 - ماددا** ئەمگەك مەمۇرىي تارماقلىرى ۋە ئۇنىڭ ئەمگەك ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش خادىملىرى قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىشى، خىزمەت ھوقۇقىدىن كەلسە - كەلمەس پايدىلانماسلىقى، نەپسانىيەتچىلىك قىلماسلىقى، دېلو ئەھۋالىنى، تەكشۈرۈلگۈچى ئورۇننىڭ سودا مەخپىيىتىنى ۋە ئالاقىدار مەخپىي ماتېرىياللارنى بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا ئاشكارىلاپ قويماسلىقى ھەمدە پاش قىلغۇچىنىڭ مەخپىيىتىنى ساقلىشى لازىم.

## 3 - باب مەزمۇن ۋە تەرتىپ

**10 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئەمگەك مەمۇرىي تارماقلىرى ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارنىڭ تۆۋەندىكى ئەھۋاللىرىنى قانۇن بويىچە نازارەت قىلىدۇ ۋە تەكشۈرىدۇ:

(1) ئەمگەك باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىش ئەھۋالى؛

(2) ئەمگەكچى قوبۇل قىلىش (تەكلىپ قىلىش) ئەھۋالى؛

(3) كوللېكتىپ توختام ۋە ئەمگەك توختامىنى تۈزۈش ۋە ئىجرا قىلىش ئەھۋالى؛

(4) مائاش بېرىش ئەھۋالى؛

(5) ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنى تەربىيىلەش ۋە قوبۇل قىلىش (تەكلىپ قىلىش) ئەھۋالى؛

(6) ئىجتىمائىي سۇغۇرتا قانۇن، نىزاملىرىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى؛

(7) كەسىپ جەھەتتە تەربىيىلەش ۋە كەسپىي ماھارەتنى باھالاشقا دائىر بەلگىلىمىلەرنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى؛

(8) كەسىپ تونۇشتۇرۇش ئىجتىمائىي ۋاسىتىچىلىك تەشكىلاتلىرىنىڭ ئەمگەك قانۇن، نىزاملىرىغا رىئايە قىلىش ئەھۋالى؛

(9) قانۇن، نىزاملاردا نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش بەلگىلەنگەن باشقا مەزمۇنلار.

**11 - ماددا** ئەمگەك مەمۇرىي تارماقلىرى تەكشۈرۈش، ئۆزلۈكىدىن ئارىلاپ تەكشۈرۈش ۋە مەخسۇس تەكشۈرۈش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ئەمگەك ئىشلىرىنى نازارەت قىلىدۇ ۋە تەكشۈرىدۇ.

**12 - ماددا** ئەمگەك ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش خادىملىرى ئەمگەك ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈشتە ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇندىن ئەمگەك قانۇن، نىزاملىرىنىڭ ئىجراسىنى ئىگىلىسە، زۆرۈر ماتېرىياللارنى كۆرسە، كۆچۈرۈۋالسا ياكى كۆپەيتسە، ئالاقىدار خادىملاردىن سۈرۈشتە قىلسا ھەمدە ئەمگەك سورۇنلىرىنى تەكشۈرسە بولىدۇ.

**13 - ماددا** ئەمگەك ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش خادىملىرى ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇننىڭ ئەمگەك ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈشتە تۆۋەندىكى بەلگىلىمىگە ئەمەل قىلىشى كېرەك:

(1) ئەمگەك ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش خادىملىرىدىن 2 دىن ئارتۇق كىشى بىرلىكتە ئىشلىشى،

رەتلىك كېيىنمىشى ھەمدە قانۇن ئىجرا قىلىش كىنىشكىسىنى كۆرسىتىشى لازىم؛

(2) ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنغا نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش مەزمۇنى، تەلىپى، ئۇسۇلى ۋە قانۇن ئاساسىنى ئۇقتۇرۇلۇشى كېرەك؛

(3) سۈرۈشتۈرۈش ياكى تەكشۈرۈش خاتىرىسى قانۇن بويىچە تەييارلىنىشى، خاتىرىگە ئەمگەك ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش خادىملىرى بىلەن ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇننىڭ قانۇني ۋەكىلى ياكى ئۇ ھاۋالە قىلغان ۋاكالەتچى ئىمزا قويۇشى ياكى تامغا بېسىشى كېرەك؛ ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇننىڭ قانۇني ۋەكىلى ياكى ئۇ ھاۋالە قىلغان ۋاكالەتچى ئىمزا قويۇشنى ياكى تامغا بېسىشنى رەت قىلسا، ئۇنىڭ سەۋەبى ئەسكەرتىلىشى كېرەك.

**14 - ماددا** ئەمگەك مەمۇرىي تارماقلىرى ئەمگەك ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈشتە، ئېھتىياجغا قاراپ ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنغا ئەمگەك ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش بويىچە سۈرۈشتۈرۈش ئۇقتۇرۇشى ياكى ئەمگەك ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش بويىچە سۈرۈك ئىچىدە تۈزىتىش بۇيرۇقى چۈشۈرسە بولىدۇ.

ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇن ئەمگەك ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش بويىچە سۈرۈشتۈرۈش ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ 10 كۈن ئىچىدە ئەمگەك مەمۇرىي تارمىقىغا يازما جاۋاب بېرىشى كېرەك.

ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇن ئەمگەك ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش بويىچە سۈرۈك ئىچىدە تۈزىتىش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، بەلگىلەنگەن سۈرۈك ئىچىدە تۈزىتىشى ھەمدە تۈزىتىش ئەھۋالىنى ئەمگەك مەمۇرىي تارمىقىغا يازما دوكلات قىلىشى لازىم.

**15 - ماددا** تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمگەك مەمۇرىي تارمىقى ئەمگەك ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈشكە ئائىت دېلولاردىن تەسىرى زور دەپ قارىغانلىرىنى بىر دەرىجە يۇقىرى ئەمگەك مەمۇرىي تارمىقىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا يوللىسا بولىدۇ. يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمگەك مەمۇرىي تارمىقى زۆرۈر دەپ قارىغاندا، ئۆزىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدىكى ئەمگەك ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈشكە ئائىت دېلولارنى بېجىرىشنى تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمگەك مەمۇرىي تارمىقىغا ھاۋالە قىلسا بولىدۇ.

**16 - ماددا** ئەمگەك مەمۇرىي تارمىقى قانۇن، نىزاملارغا خىلاپ قىلمىشلارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشتا، دېلونى تۇرغۇزغان كۈندىن باشلاپ 30 كۈن ئىچىدە ئاخىرلاشتۇرۇشى كېرەك؛ ئەھۋال مۇرەككەپ بولغانلىرىنىڭ سۈرۈكىنى ئۇزارتىشقا بولىدۇ، ئەمما ئۇزاق بولغاندا 60 كۈندىن ئاشۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ.

**17 - ماددا** ئەمگەك مەمۇرىي تارمىقى قانۇنغا خىلاپ قىلمىش ئۈستىدىن چىقارغان ئېغىرراق مەمۇرىي جازا قارارىنى 15 كۈن ئىچىدە بىر دەرىجە يۇقىرى ئەمگەك مەمۇرىي تارمىقىغا ئەنگە ئالدۇرۇشى كېرەك.

يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمگەك مەمۇرىي تارمىقى تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمگەك مەمۇرىي تارمىقىنىڭ ئەمگەك ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىگە نازارەتچىلىك ۋە يېتەكچىلىك قىلىشى كېرەك. يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمگەك مەمۇرىي تارمىقى تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمگەك مەمۇرىي تارمىقىنىڭ مەمۇرىي جازا قارارىنىڭ نامۇۋاپىقلىقىنى سەزگەندە، قانۇن بويىچە تۈزىتىشى ياكى تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمگەك مەمۇرىي تارمىقىنى قايتىدىن مەمۇرىي جازا قارارى چىقىرىشقا بۇيرۇشى كېرەك.

## 4 - باب قانۇنىي جاۋابكارلىق

**18 - ماددا** ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلاردىن ئەمگەك توختامىنى بەلگىلىمە بويىچە تۈزمىگەن ياكى بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا بىكار قىلغانلىرىنى ئەمگەك مەمۇرىي تارمىقى ئاگاھلاندۇرىدۇ، سۈرۈك ئىچىدە تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ. ئەمگەكچىلەرگە زىيان سالغانلار قانۇن بويىچە تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

**19 - ماددا** ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلاردىن ئەمگەك مەمۇرىي تارمىقىنىڭ تەستىقىنى ئالماي تۇرۇپ، ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى ئەمگەك كۈچلىرىنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن قوبۇل قىلغان (تەكلىپ قىلغان) لىرىنى ئەمگەك مەمۇرىي تارمىقى سۈرۈك ئىچىدە تۈزىتىشكە ياكى رەسمىيەتنى تولۇقلاپ بېجىرىشكە بۇيرۇيدۇ، سۈرۈك توشقىچە تۈزەتمىسە ياكى رەسمىيەتنى تولۇقلاپ بېجىرمىسە، ئىشلەتكەن ھەربىر ئادەم ئۈچۈن 200 يۈەن جەرىمانە قويىدۇ.

**20 - ماددا** ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇن يوللۇق سەۋەب يوق تۇرۇپ ئەمگەكچىنىڭ مائاشىنى كەينىگە سۈرسە ياكى تۇتۇپ قالسا، ئەمگەكچىنىڭ ئىش ۋاقتىنى ئۇزارتىپ ھەققىنى بەرمىسە، ئەمگەكچىنىڭ مائاشىنى شۇ جاينىڭ ئەڭ تۆۋەن مائاش ئۆلچىمىدىن تۆۋەن بەرسە، ئەمگەك مەمۇرىي تارمىقى سۈرۈك ئىچىدە ئەمگەكچىنىڭ مائاشىنى بېرىشكە، ئىقتىسادىي تولۇقلىما بېرىشكە بۇيرۇيدۇ ھەمدە تۆلەم پۇلى بېرىشكە بۇيرۇسا بولىدۇ؛ سۈرۈك توشقىچە بەرمىسە، ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنغا 500 يۈەندىن يۇقىرى، 1000 يۈەندىن

تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ.

**21 - ماددا** ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇن قانۇن، نىزاملاردىكى بەلگىلىمىگە ئەمەل قىلماي، ئىجتىمائىي سۇغۇرتىغا قاتناشمىسا ياكى ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىنى تاپشۇرمىسا، ئەمگەك مەمۇرىي تارمىقى سۈرۈك ئىچىدە قاتنىشىشقا، تاپشۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ. سۈرۈك توشقىچە قاتناشمىغان، تاپشۇرمىغانلاردىن كېچىكتۈرگەنلىك پۇلىنى بەلگىلىمە بويىچە قوشۇپ ئالىدۇ.

ئالدىنقى تارماقتىكى قىلمىشلارغا دۆلەتنىڭ ئالاقىدار قانۇن، نىزاملىرىدىكى بەلگىلىمە بويىچە مەمۇرىي جازا بېرىشكە تېگىشلىك بولسا، شۇ بەلگىلىمە بويىچە بولىدۇ.

**22 - ماددا** ئورۇن، تەشكىلات ياكى شەخسلەر دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ كەسپ جەھەتتە تەربىيىلەش ۋە كەسپ تونۇشتۇرۇشقا دائىر بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئۆز مەيلىچە كەسپ جەھەتتە تەربىيىلەش ئاپپاراتى ۋە كەسپ تونۇشتۇرۇش ئاپپاراتى قۇرسا ياكى تەربىيىلەش گۇۋاھنامىسى ۋە كەسپىي سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىنى كەلسە - كەلمەس تارقاتسا، ئەمگەك مەمۇرىي تارمىقى قانۇنغا خىلاپ قىلمىشنى تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ، قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنى مۇسادىرە قىلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولسا، ئورۇن، تەشكىلات ياكى شەخسكە قوشۇمچە 500 يۈەندىن يۇقىرى، 3000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويسا بولىدۇ.

كەسپ جەھەتتە تەربىيىلەشكە دائىر ئالدىنقى تارماقتىكى ئىشلار ھەققىدە دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ قانۇن، نىزاملىرىدا ئايرىم بەلگىلىمە بولسا، شۇ بەلگىلىمە بويىچە بولىدۇ.

**23 - ماددا** ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇن ئەمگەكچىنى ھاقارەتلىگەن، تەن جازاسى بەرگەن، ئۇرغان ياكى جىسمانىي ئەركىنلىكىنى قانۇنسىز ۋاستە بىلەن چەكلەپ مەجبۇرىي ئەمگەككە سالغان بولسا؛ ئىشچى قوبۇل قىلىش، تەربىيىلەش نامى بىلەن ئەمگەكچىنىڭ پۇل - مېلىنى ئالداپ ئېلىۋالغان بولسا، ئەمگەك مەمۇرىي تارمىقى ج خ ئورگىنىنىڭ قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىشىغا پائال ياردەملىشىشى كېرەك. جىنايەت شەكىللەندۈرگەن جاۋابكارلارنىڭ مەسئۇلىيىتى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

**24 - ماددا** ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلاردىن ئەمگەك ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش خادىملىرىنىڭ نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىگە يولسىزلىق بىلەن توسقۇنلۇق قىلىپ، نازارەتچىلىك ۋە تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلمىغانلىرىنى؛ پاش قىلغۇچىلاردىن ئۆچ ئالغانلىرىنى؛ پاكىتنى يوشۇرغانلىرىنى؛ ئەمگەك مەمۇرىي تارمىقى چۈشۈرگەن ئەمگەك ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش بويىچە سۈرۈشتۈرۈش ئۇقتۇرۇشى ياكى سۈرۈك ئىچىدە تۈزىتىش بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلمىغانلىرىنى ئەمگەك مەمۇرىي تارمىقى تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ ھەمدە 1000 يۈەندىن يۇقىرى، 3000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويسا بولىدۇ. جىنايەت شەكىللەندۈرگەن جاۋابكارلارنىڭ مەسئۇلىيىتى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

**25 - ماددا** ئەمگەك مەمۇرىي تارمىقى ۋە ئۇنىڭ ئەمگەك ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش خادىملىرى تۆۋەندىكى قىلمىشلارنىڭ بىرىنى سادىر قىلسا، ئالاقىدار تارماقلار مەسئۇل رەھبەر ۋە ئالاقىدار جاۋابكارلارغا قىلمىشىغا قاراپ ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ؛ مەمۇرىي جەھەتتە چارە كۆرىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرىنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

(1) خىزمەت ھوقۇقىدىن كەلسە - كەلمەس پايدىلىنىپ ياكى خىزمەتتە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ، دۆلەتنىڭ، ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇننىڭ، ئەمگەكچىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان سالغان بولسا؛

(2) خىزمەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتقان بولسا؛

(3) دېلو ئەھۋالىنى ۋە پاش قىلغۇچىنىڭ ئىسىم - فامىلىسىنى بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا ئاشكارىلاپ قويغان بولسا؛

(4) ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇننىڭ سودا مەخپىيىتىنى ئاشكارىلاپ قويغان بولسا.

**26 - ماددا** ئەمگەك ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش خادىملىرى ۋە ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلار قانۇن، نىزاملارغا خىلاپلىق قىلىپ، جازا كېلىدىغان باشقا قىلمىشلارنى سادىر قىلسا، دۆلەتنىڭ ئالاقىدار قانۇن، نىزاملىرىدىكى بەلگىلىمە بويىچە جازالىنىدۇ. جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرىنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

**27 - ماددا** مەمۇرىي جازا قارارىغا قايىل بولمىغان ئالاقىدارلار قانۇن بويىچە مەمۇرىي قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلسا ياكى دەۋا قىلسا بولىدۇ؛ ئالاقىدارلار سۈرۈك توشقىچە قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلمىسا، مەمۇرىي دەۋا قىلمىسا، مەمۇرىي جازا قارارىنىمۇ ئىجرا قىلمىسا، مەمۇرىي جازا قارارى چىقارغان ئورگان خەلق سوت مەھكىمىسىگە مەجبۇرىي ئىجرا قىلدۇرۇپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ.

## 5 ـ باب قوشۇمچە پرىنسىپ

**28 ـ ماددا** بۇ نىزام 2000 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يەر باشقۇرۇش قانۇنى» نى يولغا قويۇش چارىسى

(1999 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 10 ـ يىغىنىدا تۈزىتىلگەن).

## 1 ـ باب ئومۇمىي پرىنسىپ

**1 ـ ماددا** بۇ چارە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يەر باشقۇرۇش قانۇنى» (تۆۋەندە «يەر باشقۇرۇش قانۇنى» دېيىلىدۇ)، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يەر باشقۇرۇش قانۇنىنى يولغا قويۇش نىزامى» (تۆۋەندە «يولغا قويۇش نىزامى» دېيىلىدۇ) غا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى.

**2 ـ ماددا** ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەمۇرىي تەۋەسىدە يەرنى قوغداش، ئېچىپ پايدىلىنىش ۋە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشتا، مۇشۇ چارىگە ئەمەل قىلىش لازىم.

**3 ـ ماددا** ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ يەر مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ئۆز مەمۇرىي رايونى تەۋەسىدىكى يەرلەرنى باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىش خىزمىتىگە بىر تۇتاش مەسئۇل بولىدۇ.

**4 ـ ماددا** شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى (تۆۋەندە بىڭتۇەن دېيىلىدۇ) ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە يەر باشقۇرۇش قانۇنى، نىزامى ۋە مۇشۇ چارىگە ئاساسەن، ئىشلىتىش ھوقۇقى بىڭتۇەنگە بېرىلگەن يەرنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ؛ ئۇنىڭ يەر باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى كەسپىي جەھەتتە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدۇ. بىڭتۇەننىڭ دىۋىزىيە (ئىدارە) لىرىنىڭ يەر باشقۇرۇش خىزمىتى شۇ جايدىكى خەلق ھۆكۈمىتى يەر مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىنىڭ نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ.

بىڭتۇەن سىستېمىسى شەھەر پىلانلاش رايونىدىكى دۆلەت يېرىنى ئىشلىتىشتە شەھەرلەردىكى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىر تۇتاش پىلانلىشى ۋە باشقۇرۇشىغا بويسۇنۇشى كېرەك.

**5 ـ ماددا** ئاپتونوم رايون يەرنى ئىشلىتىش تۈرىگە قاراپ باشقۇرۇش تۈزۈمى ۋە يېزا ئىگىلىك يېرىنى باشقا ئىشقا ئىشلىتىشنى تەستىقلاش تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ. يېزا ئىگىلىك يېرىنىڭ قۇرۇلۇش يېرىگە ئۆزگەرتىلىشىنى قاتتىق چەكلەيدۇ، تېرىلغۇ يەرنى ئالاھىدە قوغداش ۋە ئىگىلەپ ئىشلەتكەنلەر تولۇقلاپ بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ، ئورمان يېرى، ئوتلاقلارنى قوغداش ۋە باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە ھەقىقىي كۈچەيتىدۇ.

يەر بىلەن تەمىنلەش ئىمكانىيىتى يېتەكچى رول ئوينايدىغان چەكلەش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، ئېچىش بىلەن تېجەشنى تەڭ تۇتۇش، تېجەش، تولۇق پايدىلىنىش مۇھىم نۇقتا قىلىنىغان يەر ئىشلىتىش فاڭجېنى يولغا قويۇلىدۇ، يەر ئېچىش ۋە يەردىن پايدىلىنىش بىلەن تۈزەش، قوغداشنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ زىيادە ئېچىش، تالان ـ تاراج خاراكتېرلىك پايدىلىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، يەر بايلىقىنى ياخشى تەقسىملەش ۋە ئىزچىل پايدىلىنىش ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.

**6 ـ ماددا** دۆلەت يېرىنى ھەقلىق ئىشلىتىش تۈزۈمى قانۇن بويىچە يولغا قويۇلىدۇ. ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ يەرنى ئىگىلىۋېلىشىغا، ئېلىپ ـ سېتىشىغا ياكى باشقا شەكىللەر بىلەن قانۇنسىز ئۆتكۈزۈپ بېرىشىگە يول قويۇلمايدۇ.

ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى تەدبىر قوللىنىپ، ئومۇميۈزلۈك پىلانلاپ، قاتتىق باشقۇرۇپ، يەر بايلىقىنى قوغدىشى ۋە ئېچىشى، يەرنى قانۇنسىز ئىگىلەپ ئىشلىتىش قىلمىشىنى چەكلىشى كېرەك.

## 2 ـ باب يەر ئىگىدارلىق ھوقۇقى ۋە ئىشلىتىش ھوقۇقى

**7 ـ ماددا** تۆۋەندىكى يەرلەر دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كوللېكتىپ ئىگىدارلىقىدا بولىدۇ.

(1) 1987 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئەسلىدىكى «يەر

باشقۇرۇش قانۇنى» بويىچە قوغدىلىدىغان بۇيۇملار، دېھقان، چارۋىچىلار كوللېكتىپ ياكى شەخسىي ئىشلەتكەن تېرىلغۇ يەر، باغ يېرى ۋە ئۆي يېرى قالدۇرۇق يەر؛

(2) ناھىيىلىك (شەھەرلىك) خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلىغان دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كوللېكتىپ ئىگىدارلىقىدىكى يېزا ئىگىلىك يېرى ئارىسىدىكى بوزيەر، چۆل قاتارلىقلار؛

(3) يېزا، كەنت كارخانىلىرى، جامائەت پاراۋانلىق ئىشلىرى ۋە يول، سۇ قۇرۇلۇشى، ئاممىۋى ئەسلىھەلەرگە ئىشلىتىلگەن ئەسلىدە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كوللېكتىپ ئىگىدارلىقىدىكى يەرلەر؛

(4) يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتىنىڭ پاي قوشۇش، بىرلىشىپ كارخانا قۇرۇشقا قانۇن بويىچە تەستىقلاپ بېرىلگەن، ئەسلىدە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كوللېكتىپ ئىگىدارلىقىدىكى يەرلەر؛

(5) ئوتلاق، ئورمانچىلىققا ئائىت قانۇن، نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كوللېكتىپ ئىگىدارلىقىدا بولىدۇ، دەپ بېكىتىلگەن ئوتلاق، ئورمان يېرى؛

(6) قانۇن، نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كوللېكتىپ ئىگىدارلىقىدا بولغان باشقا يەرلەر.

ئالدىنقى تارماقتا بەلگىلەنگەن يەرلەردىن باشقىلىرى دۆلەت ئىگىدارلىقىدا بولىدۇ.

دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يەرنى ئىشلىتىش ھوقۇقى ۋە ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرۇش ھوقۇقى قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ، يەرنى ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرۇش مۇددىتى قانۇن بويىچە ئۇزارتىلىدۇ، ئۆزگەرمەيدۇ.

**8 ـ ماددا** دۆلەت يېرىنى ئىشلەتكۈچىلەر كوللېكتىپ يەرنىڭ ئىگىدارلىرى، ئىشلەتكۈچىلىرى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يەر مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىغا تىزىملاشنى ئىلتىماس قىلىپ، دۆلەت يېرىنى ئىشلىتىش گۇۋاھنامىسى ۋە كوللېكتىپ يېرىگە ئىگىدارلىق قىلىش گۇۋاھنامىسى، كوللېكتىپ يېرىنى ئىشلىتىش گۇۋاھنامىسى ئېلىشى شەرت.

رەنىگە قويۇش، ئىجارىگە بېرىش، قوشنا يەردىن پايدىلىنىپ ئۆتۈش قاتارلىق يەرگە دائىر باشقا ھوقۇقلارنى ئەسلى يەر تىزىملىغۇچى ئورۇن تىزىملاپ رويخەتكە ئالىدۇ ھەم يەرگە بولغان باشقا ھوقۇق ئىسپاتنامىسى تارقىتىدۇ.

**9 ـ ماددا** ئورۇن ۋە شەخسنىڭ ئىشلىتىشىگە بېرىلمىگەن دۆلەت يېرىنى شۇ جايدىكى شەھەرلىك، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تىزىملاپ رويخەتكە ئېلىپ، قوغداش ۋە باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ.

**10 ـ ماددا** ئورمان يېرى، ئوتلاقنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى ياكى ئىشلىتىش ھوقۇقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش، سۇ يۈزى، ساھىللارنى باقمىچىلىققا ئىشلىتىش ھوقۇقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش «ئورمان قانۇنى»، «ئوتلاق قانۇنى»، «بېلىقچىلىق قانۇنى»دىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە بولىدۇ.

**11 ـ ماددا** يەر تىزىملىتىش مەزمۇنىدا ئۆزگىرىش بولۇپ، تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرى كۆرۈلسە، يەر ئىشلەتكۈچى تىزىملانغان مەزمۇندا ئۆزگىرىش بولغان كۈندىن باشلاپ 30 كۈن ئىچىدە ئالاقىدار ھۆججەتلەرنى ئېلىپ ئەسلى تىزىملىغان يەر مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىغا تىزىمنى ئۆزگەرتىشنى ئىلتىماس قىلىشى كېرەك.

(1) سېتىپ بېرىش، ئۆتۈنۈپ بېرىش، ۋارىسلىق قىلىش، ھەدىيىنى قوبۇل قىلىش، كارخانا تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىش، كارخانىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش ياكى قوشۇۋېتىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يەر ھوقۇق تەۋەلىكىدە ئۆزگىرىش بولسا؛

(2) يەر ئۈستىدىكى بىنا، قۇرۇلما ۋە باشقا نەرسىلەرنى سېتىش، ئۆتۈنۈپ بېرىش تۈپەيلىدىن يەر ئىشلىتىش ھوقۇقى باشقىلارغا ئۆتكەن بولسا؛

(3) ئېلىپ ئىشلىتىش، ئالماشتۇرۇش، تەڭشەش سەۋەبىدىن يەر ھوقۇق تەۋەلىكىدە ئۆزگىرىش بولسا؛

(4) يەر ئىشلەتكۈچىنىڭ نامى ئۆزگەرگەن بولسا؛

(5) يەرنىڭ ئىشلىتىلىش تۈرى قانۇن بويىچە ئۆزگەرگەن بولسا؛

(6) يەر تىزىملاشقا ئائىت باشقا مەزمۇنلار قانۇن بويىچە ئۆزگەرگەن بولسا.

**12 ـ ماددا** «يەر باشقۇرۇش قانۇنى» ۋە ئۇنى «يولغا قويۇش نىزامى»دىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە، يەر ئىشلەتكۈچىنىڭ يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنى قايتۇرۇۋېلىشقا توغرا كەلسە، ئەسلى تىزىملىغان يەر مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى تىزىمدىن ئۆچۈرۈپ، يەر گۇۋاھنامىسىنى قايتۇرۇۋالىدۇ.

**13 ـ ماددا** يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە رەنىگە ۋە ئىجارىگە بېرىشتە، ئەسلى تىزىملىغان تارماققا يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنى رەنىگە، ئىجارىگە بېرىشنى تىزىملاشنى ئىلتىماس قىلىش شەرت.

**14 ـ ماددا** يەر ئىگىدارلىق ھوقۇقى ۋە ئىشلىتىش ھوقۇقىغا دائىر تالاش ـ تارتىشنى ئالاقىدارلار كېڭىشىپ ھەل قىلىدۇ. كېڭىشىپ ھەل قىلالمىسا، خەلق

ھۆكۈمىتى بىر تەرەپ قىلىدۇ.

يېزا (بازار) لار ئارا، ناھىيە (شەھەر) لەر ئارا، ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) لەر ئارا يۈز بەرگەن تالاش - تارتىشنى ئۇلارنىڭ ئورتاق بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى بىر تەرەپ قىلىدۇ.

يەرلىك، بىڭتۇەن، ھەربىي قىسىم، مەركەزنىڭ شىنجاڭدىكى ئورۇنلىرى ئارا يۈز بەرگەن تالاش - تارتىشنى ئۇلار تۇرۇشلۇق جايدىكى بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى بىرتەرەپ قىلىدۇ. بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى بىر تەرەپ قىلىش قىيىن بولغان تالاش - تارتىش ۋە يەر ھوقۇق تەۋەلىكىگە دائىر چوڭ - چوڭ تالاش - تارتىشنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بىر تەرەپ قىلىدۇ.

ئورۇنلار ئارا تالاش - تارتىشنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى بىر تەرەپ قىلىدۇ؛ شەخسلەر ئارا، شەخسلەر بىلەن ئورۇنلار ئارا تالاش - تارتىشنى يېزا دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ياكى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى بىر تەرەپ قىلىدۇ. ئالاقىدارلار بىر تەرەپ قىلىش قارارىغا قايىل بولمىسا، بىر تەرەپ قىلىش قارارى ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن 30 كۈن ئىچىدە، خەلق سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلسا بولىدۇ.

## 3 - باب يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانى

**15 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئورۇنلارنىڭ يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانىنى شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى يەر مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ۋە باشقا ئالاقىدار تارماقلارنى تەشكىللەپ تۈزىدۇ. يېزا (بازار) نىڭ يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانىنى يېزا (بازار) لىق خەلق ھۆكۈمىتى تۈزىدۇ.

بىڭتۇەننىڭ يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانى ئاپتونوم رايوننىڭ يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانىغا ئاساسەن تۈزۈلىدۇ. بىڭتۇەننىڭ دىۋىزىيە (ئىدارە) لىرى، تۇەن - مەيدانلىرىنىڭ يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانى شۇ جايدىكى ۋىلايەت (ئوبلاست)، ناھىيە (شەھەر) نىڭ يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانى بىلەن جىپسىلاشتۇرۇلۇشى كېرەك.

**16 - ماددا** يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانى تۆۋەندىكى بەلگىلىمە بويىچە تەستىقلىنىدۇ:

(1) ئاپتونوم رايوننىڭ يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانىنى گوۋۇيۈەن تەستىقلايدۇ. ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانى ۋە بىڭتۇەننىڭ يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەكشۈرۈپ ماقۇل كۆرگەندىن كېيىن گوۋۇيۈەن تەستىقلايدۇ.

(2) ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلايدۇ.

(3) ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانىنى ئاپتونوم ئوبلاستلىق، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ياكى ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە تەكشۈرۈپ ماقۇل كۆرگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلايدۇ.

(4) يېزا (بازار) لارنىڭ يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانىنى ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق ھۆكۈمىتى تەكشۈرۈپ ماقۇل كۆرگەندىن كېيىن، ئاپتونوم ئوبلاستلىق، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ياكى ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە تەستىقلايدۇ ھەم ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يەر مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىغا ئەنگە ئالدۇرىدۇ.

**17 - ماددا** يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانى تەستىقلانغان ھامان قاتتىق ئىجرا قىلىنىش شەرت.

تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرى كۆرۈلسە، ئەسلى تەستىقلىغان ئورگاننىڭ تەستىقى بىلەن يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانىنى ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ:

(1) خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئاساسەن، يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانىنى ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىك بولسا؛

(2) گوۋۇيۈەن ياكى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلىغان ئېنېرگىيە، قاتناش، سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا يەر ئىشلىتىش تۈپەيلىدىن يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانىنى ئۆزگەرتىشكە توغرا كەلسە؛

(3) يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇننىڭ يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانى قانۇن بويىچە ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، تۆۋەن دەرىجىلىك ئورۇننىڭ يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانىنى مۇناسىپ ئۆزگەرتىشكە توغرا كەلسە؛

(4) تاقابىل تۇرغىلى بولمايدىغان سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانىنى ئۆزگەرتىشكە توغرا كەلسە.

**18 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى يەردىن پايدىلىنىشتا پىلانلىق باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، قۇرۇلۇش يېرى ئومۇمىي مىقدارىنى ۋە يېزا ئىگىلىك يېرىنى ئېچىش ئومۇمىي مىقدارىنى تىزگىنلەيدۇ.

يەردىن پايدىلىنىش يىللىق پىلانى «يەر باشقۇرۇش قانۇنى» نىڭ 24 - ماددىسى ۋە «يولغا قويۇش نىزامى»

نىڭ 13 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە تۈزۈلىدۇ ۋە تەستىقلىنىدۇ.

**19 ـ ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى يەر تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى ئورنىتىدۇ.

ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يەر مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى تەڭ دەرىجىلىك ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە يەر تەكشۈرۈشتە لايىھە تۈزۈپ، شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەكشۈرۈپ تەستىقلىغاندىن كېيىن يولغا قويۇشى كېرەك.

## 4 ـ باب تېرىلغۇ يەرنى قوغداش ۋە يەر ئۆزلەشتۈرۈش

**20 ـ ماددا** ئاپتونوم رايون تېرىلغۇ يەر ئىگىلەپ ئىشلىتىشتە تۆلەم تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ. يېزا ئىگىلىكىدىن باشقا قۇرۇلۇشقا تەستىق ئارقىلىق تېرىلغۇ يەر ئىگىلەپ ئىشلەتكەنلەر ئۆزلەشتۈرۈش ياكى رەتلەش ئارقىلىق ئىگىلەپ ئىشلەتكەن تېرىلغۇ يەر سانى ۋە سۈپىتىگە باراۋەر تېرىلغۇ يەر تولۇقلاپ بېرىشكە مەسئۇل بولۇشى شەرت. شارائىتى يوقلار ئىگىلىگەن يەرنىڭ دەرىجىسىگە قاراپ ھەر گېكتارغا 15000 — 45000 يۈەن ئۆلچەم بويىچە تېرىلغۇ يەر بىنا قىلىش ھەققى تاپشۇرۇشى كېرەك. بۇ پۇل يېڭىدىن تېرىلغۇ يەر بىنا قىلىشقىلا ئىشلىتىلىدۇ.

تېرىلغۇ يەر ئىگىلەپ ئىشلەتكەن ئورۇننىڭ ئۆزلەشتۈرۈش ياكى رەتلەش ئارقىلىق تېرىلغۇ يەر تولۇقلىشىغا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ياكى ئۇ ھاۋالە قىلغان تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن، يەر مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ۋە دېھقانچىلىق مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى نازارەتچىلىك قىلىدۇ ھەم ئۇنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالىدۇ.

**21 ـ ماددا** قانۇن بويىچە تەستىقلىتىش ئارقىلىق ئاساسىي ئېتىزنى ئىگىلەپ ئىشلىتىش ئۈچۈن تېرىلغۇ يەر بىنا قىلىش ھەققى تاپشۇرىدىغانلار ئادەتتىكى تېرىلغۇ يەر بىنا قىلىش ھەققىنىڭ 1.5 ھەسسىسى بويىچە پۇل تاپشۇرىدۇ.

**22 ـ ماددا** تەستىقلىتىش رەسمىيىتىنى بېجىرىپ يېزا ئىگىلىكىدىن باشقا قۇرۇلۇشقا تېرىلغۇ يەر ئىگىلەپ، بىر يىلدىن ئاشقان 2 يىلغا يەتمىگەن ۋاقىتقىچە قۇرۇلۇشنى تېخى باشلىمىغانلار شۇ جايدىكى تېرىلغۇ يەر يىللىق مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 2 ھەسسىسى بويىچە يەرنى ئىشلەتمەي تاشلاپ قويۇش ھەققى تاپشۇرۇشى كېرەك.

**23 ـ ماددا** دۆلەت ئىلكىدىكى بوزيەرنى ئۆزلەشتۈرۈشتە تۆۋەندىكى پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىش كېرەك:

(1) خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئىلمىي، قانۇنلۇق، مۇۋاپىق بولۇش پرىنسىپى بويىچە، يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانىدا بېكىتىلگەن ئۆزلەشتۈرۈشكە بولىدىغان دائىرىدە پىلانلىق، قەدەم ـ باسقۇچلۇق ئېلىپ بېرىش؛

(2) تولۇق ئىلمىي دەلىللەپ ۋە باھالاپ، سۇغا قاراپ يەر بېكىتىش، سۇ تېجەپ يەر كۆپەيتىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش ۋە ياخشىلاش، سۇ ـ تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىش ۋە يەرنىڭ چۆللىشىپ، شورلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش؛

(3) يەر ئەھۋالىغا قاراپ ئىش قىلىش، دېھقانچىلىققا باب كەلسە دېھقانچىلىق قىلىش، چارۋىچىلىققا باب كەلسە چارۋىچىلىق قىلىش، ئورمانچىلىققا باب كەلسە ئورمانچىلىق قىلىش ۋە ئېكولوگىيىلىك، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ بىرلىكى پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش؛

(4) دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىش، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىقنى بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىش، ئەسلى يەر ئىشلەتكۈچىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قانۇن بويىچە كاپالەتلەندۈرۈش.

**24 ـ ماددا** ئۆزلەشتۈرگەن يەرنى ئاۋۋال ئەسلى ئىشلەتكۈچىنىڭ ئىشلىتىشىگە، باشقۇرۇشىغا ھۆددىگە بېرىش كېرەك، بۇنىڭ ئىچىدە زىرائەت تېرىشقا ئىشلىتىلىدىغانلىرىنىڭ كەم دېگەندە %10 ىگە كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىش ۋە ئوت ـ چۆپ، يەم ـ خەشەك تېرىش؛ چارۋىچىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىشى، چارۋىچىلىق تەرەققىياتىغا ئىشلىتىلىدىغانلىرىنى ئاساسلىقى ئوت ـ چۆپ، يەم ـ خەشەك بازىسى قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىش كېرەك.

دۆلەت ئىلكىدىكى بوزيەرنى ئۆزلەشتۈرۈشتە ھەقلىق ئىشلىتىش يولغا قويۇلىدۇ، ئۆزلەشتۈرۈپ باشقۇرغۇچى بىلەن شەھەرلىك، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يەر مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ھۆددە توختامى ئىمزالاپ، ئىككى تەرەپنىڭ ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتىنى پۈتۈشىدۇ.

**25 ـ ماددا** تۆۋەندىكى يەرلەرنى ئۆزلەشتۈرۈش قاتتىق مەنئى قىلىنىدۇ:

(1) يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانىدا ئۆزلەشتۈرۈش مەنئى قىلىنىدۇ، دەپ بېكىتىلگەن رايونلار؛

(2) ئوتى ئورۇۋېلىنىدىغان تەبىئىي ئوتلاق، سۇنئىي ئوتلاق، قاشالىق ئوتلاق ۋە سۈپەتلىك ئوتلاق؛

(3) ئورمان يېرى ۋە دەريا، كۆل ساھىلى؛

(4) 25 گرادۇستىن يۇقىرى يانتۇلۇق ۋە قۇم - بوران ئۆتىدىغان چۆللۈك؛

(5) يەر ھوقۇق تەۋەلىكىدە تالاش - تارتىش بار جايلار.

ئالدىنقى تارماقنىڭ 2 - تارماقچىسىدا ئېيتىلغان ئوتلاقتىن باشقا، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئىشلىتىشىگە بېكىتىپ بېرىلگەن ئوتلاقنى پرىنسىپ جەھەتتىن ئۆزلەشتۈرۈشكە بولمايدۇ. ئۆزلەشتۈرۈش زۆرۈر بولغانلىرىنى بۇ چارىنىڭ 26 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە، بوزيەر ئېچىشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھوقۇقىغا ئىگە خەلق ھۆكۈمىتى تەكشۈرۈپ قوشۇلغاندىن كېيىن، بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىگە تەستىقلىتىپ ئۆزلەشتۈرۈشكە بولىدۇ ھەم شۇ يەرنى ئەسلى ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرغان دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشىنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك.

**26 - ماددا** دۆلەت ئىلكىدىكى بوزيەرنى ئۆزلەشتۈرۈشتە قانۇن، نىزامدىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە مۇناسىۋەتلىك رەسمىيەتلەرنى بېجىرىش ھەم يەردىن پايدىلىنىش يىللىق پىلانىدا بېكىتىلگەن تىزگىنلەش كۆرسەتكۈچى ئىچىدە تۆۋەندىكى ھوقۇق دائىرىسى بويىچە تەستىقلىتىش كېرەك.

(1) بىر يولىلا ئۆزلەشتۈرىدىغان بوزيەر 30 گېكتاردىن تۆۋەن بولسا، ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلايدۇ؛

(2) بىر يولىلا ئۆزلەشتۈرىدىغان بوزيەر 30 گېكتاردىن ئېشىپ، 60 گېكتارغا يەتمىسە، ئوبلاستلىق (شەھەرلىك) خەلق ھۆكۈمىتى ياكى ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە تەستىقلايدۇ؛ 60 گېكتاردىن ئېشىپ 600 گېكتارغا يەتمىسە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلايدۇ؛

(3) ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىغا قاراشلىق ناھىيە (شەھەر) لەر بىر يولىلا ئۆزلەشتۈرىدىغان بوزيەر 60 گېكتاردىن ئېشىپ 130 گېكتارغا يەتمىسە، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلايدۇ؛ 130 گېكتاردىن ئېشىپ 600 گېكتارغا يەتمىسە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلايدۇ؛

(4) بىڭتۇەن سىستېمىسىنىڭ بىر يولىلا ئۆزلەشتۈرىدىغان بوز يېرى 300 گېكتاردىن تۆۋەن بولسا بىڭتۇەن تەستىقلايدۇ؛ 300 گېكتاردىن ئېشىپ 600 گېكتارغا يەتمىسە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلايدۇ؛

(5) بىر يولىلا ئۆزلەشتۈرۈلىدىغان بوزيەر 600 گېكتاردىن ئاشسا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن گوۋۇيۈەنگە تەستىقلىتىدۇ.

ئالدىنقى تارماقتا دېيىلگەن بىر يولىلا ئۆزلەشتۈرۈش بىر تۈر ئۈچۈن، بىر پارچە يەردىكى ئۆزلەشتۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ.

**27 - ماددا** بوزيەر ئاچقاندىن كېيىن، تۇپراق قۇملىشىش، شورلىشىش ۋە سۇ - تۇپراق ئېقىپ كېتىش قاتارلىق يەر ئېغىر دەرىجىدە ناچارلىشىش ئەھۋالى كۆرۈلسە، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى تەكشۈرۈپ بوزيەر ئاچقۇچىنى ئوت - چۆپ تېرىپ ۋە دەل - دەرەخ تىكىپ، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە بۇيرۇيدۇ.

**28 - ماددا** تەستىق ئارقىلىق بوزيەر ئېچىشتا، تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرى كۆرۈلسە، ئەسلى تەستىقلىغان خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق، شۇ جايدىكى ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يەر مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى يەر ئىشلەتكۈچىنىڭ يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنى قايتۇرۇۋالىدۇ.

(1) يەر مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى دەسلەپتە تەكشۈرۈپ، ئۆزلەشتۈرۈش دائىرىسىنى بېكىتكەندىن كېيىن، 2 يىلغىچە ئۆزلەشتۈرۈلمىگەن بولسا؛

(2) يەرنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنى خالىغانچە ئۆزگەرتىلگەن بولسا؛

(3) ئۆزلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن يەر ئۇدا 2 يىلغىچە تېرىلماي تاشلاپ قويۇلغان بولسا.

**29 - ماددا** يېزا (بازار) لىق خەلق ھۆكۈمىتى يەر بايلىقىنى قوغداش ۋە باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىشى، قانۇنسىز يەر ئۆزلەشتۈرىدىغان قىلمىشلارنى چەكلىشى كېرەك. يەر ئۆزلەشتۈرۈشنى ھەر قانداق سەۋەب ۋە شەكىل بىلەن تەستىقلىشى مەنئى قىلىنىدۇ.

**30 - ماددا** كولاش، ئولتۇرۇشۇپ كېتىش، بېسىۋېلىش قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن يەر بۇزۇلۇپ كەتسە، يەر ئىشلەتكۈچى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى؛ ئەسلىگە كەلتۈرۈش شارائىتى يوقلار ياكى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىغانلار يەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەققى تۆلىشى كېرەك، بۇ پۇل يەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكىلا ئىشلىتىلىدۇ. يەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەققىنىڭ كونكرېت ئۆلچىمىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يەر مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، باھا مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى بېكىتىدۇ.

## 5 - باب قۇرۇلۇشقا يەر ئىشلىتىش

**31 - ماددا** قۇرۇلۇشقا يەر ئىشلىتىشتە، يېزا ئىگىلىك يېرىنى قۇرۇلۇش يېرىگە ئۆزگەرتمەكچى بولغاندا، تۆۋەندىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە تەستىقلىتىش رەسمىيىتىنى بېجىرىش كېرەك:

(1) يېزا (بازار) نىڭ يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانىدا بېكىتىلگەن كەنت، بازار قۇرۇلۇش يېرى دائىرىسىدە، يېزا (بازار)، كەنت كارخانىلىرى، يېزا ـ كەنت ئاممىۋى ئەسلىھەلىرى، جامائەت پاراۋانلىق ئىشلىرى، يېزا يوللىرى، سۇچىلىق قاتارلىق ئەسلىھە قۇرۇلۇشى ۋە كەنت ئاھالىسىنىڭ ئۆي سېلىشى ئۈچۈن دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كوللېكتىپ ئىگىدارلىقىدىكى يەرنى ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ياكى ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە يەردىن پايدىلىنىش يىللىق پىلانىدا بېكىتىلگەن تىزگىنلەش كۆرسەتكۈچى ئىچىدە تەستىقلايدۇ؛

(2) يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانىدا بېكىتىلگەن شەھەر قۇرۇلۇشىغا يەر ئىشلىتىش كۆلىمى دائىرىسىدە، شۇ پىلاننى يولغا قويۇش ئۈچۈن يەر ئىشلىتىش توغرا كەلسە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلايدۇ. قانۇن، نىزاملاردا گوۋۋىيۈەن تەستىقلايدۇ، دەپ بەلگىلەنگەنلىرى شۇ بەلگىلىمە بويىچە بولىدۇ.

**32 ـ ماددا** كونكرېت قۇرۇلۇش تۈرىگە يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانىدا بېكىتىلگەن شەھەر قۇرۇلۇشى دائىرىسىدىكى دۆلەت قۇرۇلۇش يېرىنى ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە، شەھەرلىك، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يەر مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى يەر بىلەن تەمىنلەش لايىھىسىنى تۈزۈپ، شەھەرلىك، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە تەستىقلىتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە، گوۋۋىيۈەن ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلىغان ئېنېرگىيە، قاتناش، سۇچىلىق قاتارلىق ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە يەر ئىشلىتىشنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلايدۇ.

**33 ـ ماددا** كونكرېت قۇرۇلۇش تۈرىگە يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانىدا بېكىتىلگەن دۆلەت ئىلكىدىكى پايدىلىنىلمىغان يەرنى ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە، شۇ جايدىكى ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يەر مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىغا ئىلتىماس قىلىش كېرەك. قانۇن بويىچە گوۋۋىيۈەن تەستىقلايدىغانلىرىدىن باشقىلىرىنى تۆۋەندە بەلگىلەنگەن ھوقۇق دائىرىسى بويىچە ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلايدۇ:

(1) يېزا (بازار)، كەنت كارخانىلىرى، يېزا ـ كەنت ئاممىۋى ئەسلىھەلىرى، جامائەت پاراۋانلىق ئىشلىرى، يېزا يوللىرى، سۇچىلىق قاتارلىق ئەسلىھە قۇرۇلۇشىغا ۋە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئۆي سېلىشىغا يەر ئىشلىتىشنى ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلايدۇ، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ياكى ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىگە ئەنگە ئالدۇرىدۇ؛

(2) ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلىغان قۇرۇلۇش تۈرىگە يەر ئىشلىتىشنى ئوبلاستلىق، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ياكى ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە تەستىقلايدۇ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ئەنگە ئالدۇرىدۇ؛

(3) ئاپتونوم رايونلۇق، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ياكى ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە تەستىقلىغان قۇرۇلۇش تۈرى ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە (شەھەر) ھالقىغان قۇرۇلۇش تۈرىگە يەر ئىشلىتىشنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلايدۇ.

**34 ـ ماددا** بىڭتۇەن سىستېمىسىدا قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىدىغان يەر يېزا ئىگىلىك يېرىنى قۇرۇلۇش يېرىگە ئۆزگەرتىشكە چېتىلسا، دۆلەت تەستىقلىغان بىڭتۇەننىڭ يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانىدا بېكىتىلگەن قۇرۇلۇشقا يەر ئىشلىتىش كۆلىمى دائىرىسى ئىچىدە، يەردىن پايدىلىنىش يىللىق پىلانىغا ئاساسەن، تۆۋەندىكى بەلگىلىمە بويىچە تەستىقلىتىلىدۇ:

(1) ئاساسىي ئېتىزدىن باشقا 20 گېكتاردىن تۆۋەن تېرىلغۇ يەرنى، 50 گېكتاردىن تۆۋەن باشقا يەرنى ئىشلىتىشنى بىڭتۇەن تەستىقلايدۇ؛

(2) ئاساسىي ئېتىزدىن باشقا 20 گېكتاردىن يۇقىرى تېرىلغۇ يەرنى، 50 گېكتاردىن يۇقىرى باشقا يەرنى ئىشلىتىشنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلايدۇ.

**35 ـ ماددا** دۆلەت قۇرۇلۇشىغا يەر ئېلىپ ئىشلىتىشتە تۆۋەندىكى ئۆلچەم بويىچە يەر تۆلەم ھەققى تۆلىنىدۇ:

(1) ئاساسىي ئېتىزنى ئېلىپ ئىشلەتكەندە، شۇ جايدىكى تېرىلغۇ يەر يىللىق مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 8 — 10 ھەسسىسى بويىچە تۆلەم تۆلىنىدۇ؛

(2) ئاساسىي ئېتىزدىن باشقا سۇغىرىلىدىغان تېرىلغۇ يەر، بېلىق كۆلچىكىنى ئېلىپ ئىشلىتىشتە، شۇ جايدىكى تېرىلغۇ يەر يىللىق مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 7 — 9 ھەسسىسى بويىچە تۆلەم تۆلىنىدۇ؛

(4) ئورمان يېرى، سۈنئىي ئوتلاق، ئۆي يېرى، يېزا ـ كەنت يوللىرى، خامان قاتارلىق يەرلەرنى ئېلىپ ئىشلىتىشتە، شۇ جايدىكى تېرىلغۇ يەر يىللىق مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 6 — 7 ھەسسىسى بويىچە تۆلەم تۆلىنىدۇ؛

(5) تەبىئىي ئوتلاقنى ئېلىپ ئىشلىتىشتە، شۇ جايدىكى ئوتلاقنىڭ يىللىق مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 6 ھەسسىسى بويىچە تۆلەم تۆلىنىدۇ.

دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون تەستىقلىغان قاتناش، سۇچىلىق

قاتارلىق چولۇ ـ چولۇ نۇقتىلىق قورۇلۇش تۈرلىرىگە ئالدىنقى تارماقنىڭ (1)، (2)، (3)، (4) تارماقچىلىرىدىكى يەرلەرنى ئېلىپ ئىشلىتىشتە، تۆلەم ئۆلچىمى شۇ جايدىكى تېرىلغۇ يەر يىللىق مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 6 ھەسسىسى بويىچە بولىدۇ.

ھەرخىل تېرىلغۇ يەر، ئوتلاقنىڭ يىللىق مەھسۇلات قىممىتى ئېلىپ ئىشلىتىشتىن بۇرۇنقى 3 يىلنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق مەھسۇلات قىممىتى بويىچە ھېسابلىنىدۇ. بۇنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى قەرەللىك ئېلان قىلىدۇ.

**36 ـ ماددا** ئېلىپ ئىشلىتىلگەن يەردىكى مايسا ۋە قوشۇمچە نەرسىلەرگە تۆۋەندىكى ئۆلچەم بويىچە تۆلەم تۆلىنىدۇ:

(1) ئادەتتىكى زىرائەت كۆك مايسىغا بېرىلىدىغان تۆلەم ھەققى شۇ زىرائەتنىڭ ئالدىنقى 3 يىللىق ئوتتۇرىچە مەھسۇلات قىممىتى بويىچە بولىدۇ. كۆپ يىللىق زىرائەت مايسىغا شۇ زىرائەتنىڭ ئالدىنقى 3 يىللىق ئوتتۇرىچە يىللىق مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 2 — 3 ھەسسىسىگىچە تۆلەم تۆلىنىدۇ.

(2) ئېلىپ ئىشلىتىلگەن يەر ئۈستىدىكى بىنا، قورۇلما، باشقا ئەسلىھە ۋە دەل ـ دەرەخلەرگە ئەمەلىي زىيانغا قاراپ، ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە تۆلەم تۆلىنىدۇ.

ئېلىپ ئىشلىتىلىدىغان يەردىكى قەبرىنى كۆچۈرۈشكە توغرا كەلسە، شۇ جايدىكى خەلق ھۆكۈمىتى چەكلىك مۇددەتتە كۆچۈرۈش ھەققىدە ئېلان چىقىرىدۇ ھەم ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە قەبرە كۆچۈرۈش ھەققى بېرىدۇ. مۇددىتى ئۆتۈپ كەتسىمۇ كۆچۈرمىگەن ۋە ئىگىسى چىقمىغان قەبرىنى شۇ جايدىكى خەلق ھۆكۈمىتى ئالاقىدار تارماقلارنى تەشكىللەپ ۋاكالىتەن كۆچۈرۈپ قويىدۇ.

**37 ـ ماددا** تېرىلغۇ يەر ئېلىپ ئىشلىتىشتە بېرىلىدىغان ئورۇنلاشتۇرۇش ياردەم پۇلى «يەر باشقۇرۇش قانۇنى»نىڭ 47 ـ ماددىسىنىڭ 2 ـ تارمىقىدا بەلگىلەنگەن ئۆلچەم بويىچە بېرىلىدۇ. يېرى ئېلىنغان ئورۇننىڭ يېرى ئېلىنىشتىن ئىلگىرى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يېرى 0.1 گېكتارغىمۇ يەتمىسە، ئورۇنلاشتۇرۇش ياردەم پۇلىنى مۇۋاپىق كۆپەيتىشكە بولىدۇ، لېكىن يەر تۆلەم ھەققى بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇش ياردەم پۇلىنىڭ يىغىندىسى يېرى ئېلىنىشتىن بۇرۇنقى 3 يىللىق ئوتتۇرىچە يىللىق مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 30 ھەسسىسىدىن ئېشىپ كەتسە بولمايدۇ.

بېلىق كۆلچىكىنى ئېلىپ ئىشلىتىشتە، ئەتراپىدىكى تېرىلغۇ يەر ئۆلچىمىدىن پايدىلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇش ياردەم پۇلى بېرىلىدۇ. ئورمان يېرى، ئوتلاقنى ئېلىپ ئىشلىتىشتە بېرىلىدىغان ئورۇنلاشتۇرۇش ياردەم پۇلى تېرىلغۇ يەر ئېلىپ ئىشلىتىشتە بېرىلىدىغان ئورۇنلاشتۇرۇش ياردەم پۇلىنى ھېسابلاش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ھېسابلىنىدۇ. ئۆي يېرى، يېزا، كەنت يوللىرى ۋە خامانلارنى ئېلىپ ئىشلىتىشتە، ئورۇنلاشتۇرۇش ياردەم پۇلى بېرىلمەيدۇ.

**38 ـ ماددا** دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشىغا دۆلەت ئىلكىدىكى تېرىلغۇ يەر ياكى باشقا يېزا ئىگىلىك يېرىنى ئىشلىتىشتە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى بويىچە، مۇۋاپىق تۆلەم تۆلىنىدۇ.

**39 ـ ماددا** يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرىنىڭ يېرى ئېلىپ ئىشلىتىلسە، يەر تۆلەم ھەققى يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرىغا بېرىلىدۇ؛ يەردىكى قوشۇمچە نەرسىلەر ۋە مايسىلارنىڭ تۆلەم ھەققى ئۇنىڭ ئىگىدارلىرىغا بېرىلىدۇ.

يېرى ئېلىپ ئىشلىتىلگەن يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتى يەر تۆلەم ھەققىنىڭ كىرىم ـ چىقىم ئەھۋالىنى شۇ كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرىغا ئېلان قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىدۇ. يېرى ئېلىپ ئىشلىتىلگەن ئورۇننىڭ يەر تۆلەم ھەققى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ھەقلىرىنى ئىگىلىۋېلىش، ئىشلىتىۋېلىش مەنئى قىلىنىدۇ.

**40 ـ ماددا** يېرى ئېلىپ ئىشلىتىلگەن ئورۇنلاردىكى ئورۇنلاشتۇرۇشقا تېگىشلىكلەرنى يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتى ئورۇنلاشتۇرسا، ئورۇنلاشتۇرۇش ياردەم پۇلى يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتىغا بېرىلىدۇ. بۇنى يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتى قانۇن بويىچە باشقۇرىدۇ ۋە ئىشلىتىدۇ؛ باشقا ئورۇنلار ئورۇنلاشتۇرسا، ئورۇنلاشتۇرۇش ياردەم پۇلى شۇ ئورۇنغا بېرىلىدۇ؛ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشقا تېگىشلىك بولمىسا، ئورۇنلاشتۇرۇش ياردەم پۇلى ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان شەخسلەرگە بېرىلىدۇ ياكى ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغانلارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ سۇغۇرتا ھەققىنى تۆلەشكە ئىشلىتىلىدۇ. ئورۇنلاشتۇرۇش ياردەم پۇلى جايىغا ئىشلىتىلىشى، باشقا ئىشقا ئىشلىتىلمەسلىكى شەرت.

شەھەرلىك، ناھىيىلىك ۋە يېزا (بازار) لىق خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئورۇنلاشتۇرۇش ياردەم پۇلىنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالىغا بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىشى لازىم.

**41 ـ ماددا** ئېلىپ ئىشلىتىلىدىغان ياكى ئايرىپ بېرىلىدىغان يەرنىڭ ھوقۇق تەۋەلىكى ئۈستىدە تالاش ـ تارتىش يۈز بەرسە، يەر ئىشلىتىش رەسمىيىتى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھوقۇق دائىرىسى بويىچە بېجىرىلمە بولىدۇ ھەم تەكشۈرۈپ

ئەستىقلاش ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغان خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يەر مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ئالاقىدار مەقلەرنى قانۇن بويىچە ئېلىپ، تالاش - تارتىش ھەل قىلىنغاندىن كېيىن، ئالاقىدارلارغا بېرىدۇ.

**42 - ماددا** ئورمان يېرى، ئوتلاقنى قورۇلۇشقا ئىشلىتىشتە، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورمانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى تەكشۈرگەندىن كېيىن، قورۇلۇش يېرىنى ئەستىقلىتىش رەسمىيىتىنى يەر باشقۇرۇش قانۇن، نىزاملىرى بويىچە بېجىرىش لازىم.

دۆلەت ئىلكىدىكى ئورمان يېرى، ئوتلاقنى ئىشلەتكەنلەردىن ئېلىنغان تۆلەم ھەققى ئورمان يېرى، ئوتلاق قورۇلۇشىغا ئىشلىتىلىشى ھەم ئەسلىدىكى ئورمان يېرى، ئوتلاقنى ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى لازىم.

**43 - ماددا** دۆلەت قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە يەرنى ئېلىپ ئىشلەتكەندىن كېيىن، ئېلىپ ئىشلىتىلگەن يەرنىڭ ھوقۇق ئىگىسى، يەر ئىشلىتىش ھوقۇقى ئىگىسى يەر ھوقۇقى تەۋەلىك گۇۋاھنامىسىنى ئېلىپ ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يەر مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىغا بېرىپ، يەر تۈزىمىنى تىزىملىتىش رەسمىيىتىنى بېجىرىشى لازىم.

**44 - ماددا** ئېلىپ ئىشلىتىلگەن ۋە ئايرىپ بېرىلگەن يەرگە قانۇن بويىچە تۆلەم تۆلەنگەندىن كېيىن، يېرى ئېلىپ ئىشلىتىلگەن، ئايرىپ ئىشلىتىلگەن ئورۇن ۋە شەخسنىڭ قورۇلۇش قىلىشقا ھەر قانداق سەۋەب بىلەن توسقۇنلۇق قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

**45 - ماددا** يېڭىدىن قوشۇلغان قورۇلۇش يېرىنى ھەقلىق ئىشلىتىش ھەققىنىڭ بەلگىلىمە بويىچە مەركەز مالىيىسىگە تاپشۇرۇلغاندىن كېيىنكى قالدۇقىنىڭ %20ى ئاپتونوم رايون مالىيىسىگە، %20ى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر مالىيىسىگە تاپشۇرۇلۇپ، %60ى ناھىيە (شەھەر) مالىيىسىگە قالدۇرۇلۇپ، تېرىلغۇ يەر ئېچىشقىلا ئىشلىتىلىدۇ.

**46 - ماددا** يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئۆي يېرى كۆلىمى تۆۋەندىكى ئۆلچەم بويىچە بولىدۇ (كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر ناھىيىنى بىرلىك قىلغان ھالدا ھېسابلىنىدۇ):

(1) كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر 0.04 گېكتاردىن تۆۋەن بولسا، ھەربىر ئائىلىنىڭ ئۆي يېرى 200 كۋادرات مېتىردىن ئېشىپ كەتمە بولمايدۇ؛

(2) كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر 0.04 گېكتاردىن يۇقىرى، 0.07 گېكتاردىن تۆۋەن بولسا، ھەر بىر ئائىلىنىڭ ئۆي يېرى 300 كۋادرات مېتىردىن ئېشىپ كەتمە بولمايدۇ؛

(3) كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر 0.07 گېكتاردىن يۇقىرى، 0.1 گېكتاردىن تۆۋەن بولسا، ھەربىر ئائىلىنىڭ ئۆي يېرى 400 كۋادرات مېتىردىن ئېشىپ كەتمە بولمايدۇ؛

(4) كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر 0.1 گېكتاردىن يۇقىرى، 0.14 گېكتاردىن تۆۋەن بولسا، ھەربىر ئائىلىنىڭ ئۆي يېرى 500 كۋادرات مېتىردىن ئېشىپ كەتمە بولمايدۇ؛

(5) كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر 0.14 گېكتاردىن يۇقىرى، 0.34 گېكتاردىن تۆۋەن بولسا، ھەربىر ئائىلىنىڭ ئۆي يېرى 600 كۋادرات مېتىردىن ئېشىپ كەتمە بولمايدۇ؛

(6) كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر 0.34 گېكتاردىن يۇقىرى بولسا، ھەربىر ئائىلىنىڭ ئۆي يېرى 800 كۋادرات مېتىردىن ئېشىپ كەتمە بولمايدۇ.

پايدىلانمىغان يەرگە ئۆي سالىدىغانلارنىڭ ئۆي يېرى ئۆلچىمى مۇۋاپىق كەڭ قويۇپ بېرىلسە بولىدۇ، لېكىن ئەڭ يۇقىرى بولغاندا يۇقىرىقى تارماقتا بەلگىلەنگەن ئۆلچەمنىڭ بىر ھەسسىدىن ئېشىپ كەتمە بولمايدۇ.

ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق ھۆكۈمىتى مۇشۇ ماددىنىڭ 1 - تارمىقىدا بەلگىلەنگەن ئۆلچەم ئىچىدە، يېزا - كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆي يېرى ئۆلچىمىنى كونكرېت بەلگىلىسە بولىدۇ.

## 6 - باب نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش

**47 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يەر مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى تۆۋەندىكى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزىدۇ:

(1) يەرگە ئائىت قانۇن، نىزام، سىياسەتلەرنىڭ ئىجراسىنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش؛

(2) يەرگە ئائىت قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلاردىن پاش قىلىنغان، شىكايەت قىلىنغانلىرىنى قوبۇل قىلىش؛

(3) يەرگە ئائىت قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى چەكلەش، يەرگە ئائىت قانۇنغا خىلاپ دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىش؛

(4) ئەدلىيە ئورگىنى ۋە باشقا ئالاقىدار تارماقلار

تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىدىغان يەر مەسىلىسىگە چېتىشلىق دېلولارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا ھەمكارلىشىش؛

(5) تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى يەر مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىنىڭ يەر باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش؛

(6) شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى، يۇقىرى دەرىجىلىك يەر مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ياكى باشقا ئالاقىدار تارماقلارغا نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش تەكلىپى بېرىش؛

(7) قانۇن، نىزاملاردا بەلگىلەنگەن باشقا خىزمەت ھوقۇقلىرىنى يۈرگۈزۈش.

**48 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ يەر مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى يەرگە ئائىت قانۇنغا خىلاپ دېلولارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلغاندا، «يەر باشقۇرۇش قانۇنى»نىڭ 67 - ماددىسى ۋە «يولغا قويۇش نىزامى»نىڭ 32 - ماددىسىدا بەلگىلەنگەن تەدبىرلەرنى قوللانغاندىن سىرت، تۆۋەندىكى تەدبىرلەرنى قوللانسىمۇ بولىدۇ:

(1) قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇن ياكى شەخسلەر قانۇنسىز ئىگىلەپ ئىشلىتىۋالغان يەرگە يېڭىدىن سالغان بىنا ۋە باشقا ئەسلىھەلەرنى بەلگىلەنگەن ۋاقىت چېكى ئىچىدە چۇۋۇۋېتىشنى رەت قىلىپ داۋاملىق قۇرۇلۇش قىلدۇرۇۋەرسە، جازا قارارى چىقارغان يەر مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ئۇنى چەكلەشكە ھوقۇقلۇق ھەمدە قۇرۇلۇش قىلىشقا ئىشلەتكەن ئەسلىھە، بىناكارلىق ماتېرىياللىرىنى پېچەتلىسە بولىدۇ، زۆرۈر تېپىلغاندا، قانۇنغا خىلاپ قىلمىش سادىر قىلغانلارغا مەجبۇرلاش تەدبىرى قوللىنىشنى ئەدلىيە ئورگانلىرىغا ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ.

(2) ئالاقىدارلار تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشنى قوبۇل قىلىش مەزگىلىدە، دېلوغا مۇناسىۋەتلىك مالنى سېتىۋەتكەن، پۇلنى يۆتكىۋەتكەن بولسا، ئۇلارنىڭ بانكا ئىسچوتىنى توڭلىتىۋېتىشنى خەلق سوت مەھكىمىسىگە قانۇن بويىچە ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ.

**49 - ماددا** يەر مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش خىزمىتىدە يەرگە ئائىت قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلاردىن جىنايەت شەكىللەنگەنلىكىنى بايقىسا، بايقىغان كۈندىن باشلاپ 15 كۈن ئىچىدە دېلونى ئەدلىيە ئورگانلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ، جىنايى جاۋابكارلىق قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرمىگەن بولسا، قانۇن بويىچە مەمۇرىي جازا بېرىش كېرەك.

**50 - ماددا** يەر باشقۇرۇش بويىچە نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش خادىملىرى ئىش ئورنىدا تەربىيىلىنىپ، سىناپ تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولغاندىن كېيىن كىنىشكا بىلەن ئىشقا چىقىشى لازىم.

يەر باشقۇرۇش بويىچە نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش خادىملىرى ۋەزىپە ئادا قىلغاندا يەرگە ئائىت قانۇننى ئىجرا قىلىش بەلگىسىنى بىر تۇتاش تاقىشى، قانۇن ئىجرا قىلىش كىنىشكىسىنى كۆرسىتىشى لازىم.

## 7 - باب قانۇنىي جاۋابكارلىق

**51 - ماددا** «يەر باشقۇرۇش قانۇنى» ۋە ئۇنى «يولغا قويۇش نىزامى» شۇنىڭدەك مۇشۇ چارىگە خىلاپلىق قىلىپ، تۆۋەندىكى قىلمىشلارنىڭ بىرىنى سادىر قىلغانلارغا، «يەر باشقۇرۇش قانۇنى» ۋە «يولغا قويۇش نىزامى»دىكى ئالاقىدار بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە جەرىمانە قويۇشقا تېگىشلىكلىرىگە قويۇلىدىغان كونكرېت جەرىمانە سوممىسى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

(1) يەرنى ئېلىپ ساتقان ياكى باشقا شەكىللەر بىلەن قانۇنسىز ئۆتۈنۈپ بەرگەنلەرگە قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنىڭ %10تىدىن يۇقىرى، %50 تىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ.

(2) تېرىلغۇ يەرنى ئىگىلەپ خۇمدان سېلىپ، قەبرە قوپۇرۇپ ياكى تېرىلغۇ يەردە ئۆز مەيلىچە ئۆي سېلىپ، قۇم - شېغىل ئېلىپ، تاش، رۇدا قېزىپ، توپا ئېلىپ ۋە باشقا ئىشلارنى قىلىپ، تېرىقچىلىق شارائىتىنى بۇزغانلار ياكى يەر ئاچىمەن دەپ، يەرنى چۆللەشتۈرۈۋەتكەن، شورلاشتۇرۇۋەتكەنلەرگە تېرىلغۇ يەر بىنا قىلىش ھەققىنىڭ بىر ھەسسىسىدىن يۇقىرى، 2 ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛

(3) بۇزۇلغان يەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىغانلارغا بۇزۇلغان يەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەققىنىڭ بىر ھەسسىسىدىن يۇقىرى، 2 ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛

(4) تەستىقلاتماي تۇرۇپ ياكى ئالدامچىلىق ۋاسىتىسى بىلەن تەستىقلىتىۋېلىپ، يەرنى قانۇنسىز ئىگىلەپ ئىشلىتىۋالغانلارغا قانۇنسىز ئىگىلەپ ئىشلەتكەن يېرىنىڭ ھەر كۋادرات مېتىرىغا 5 يۈەندىن يۇقىرى، 30 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛

(5) تەستىقلاتماي تۇرۇپ يەر ئۆزلەشتۈرگەن ياكى ئۆزلەشتۈرۈش مەنئى قىلىنغان يەرنى ئۆزلەشتۈرگەنلەرگە قانۇنسىز ئۆزلەشتۈرگەن يېرىنىڭ ھەر كۋادرات مېتىرىغا 3 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ.

**52 - ماددا** ئالاقىدارلار مەمۇرىي جازا قارارىغا

قايىل بولمىسا، قانۇن بويىچە مەمۇرىي قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلسا ياكى خەلق سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلسا بولىدۇ؛ مۆھلەت توشقىچە مەمۇرىي قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلمىسا، دەۋا قىلمىسا، مەمۇرىي جازا قارارىنىمۇ ئىجرا قىلمىسا، مەمۇرىي جازا قارارى چىقارغان ئورگان خەلق سوت مەھكىمىسىگە مەجبۇرىي ئىجرا قىلدۇرۇپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىدۇ.

## 8 ـ باب قوشۇمچە پرىنسىپ

**53 ـ ماددا** بۇ چارە 1999 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش - قالدۇرۇش چارىسى

(1999 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 10 ـ يىغىنىدا ماقۇللانغان).

## 1 ـ باب ئومۇمىي پرىنسىپ

**1 ـ ماددا** بۇ چارە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ـ قالدۇرۇش هوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىنى كاپالەتلەندۈرۈش مەقسىتىدە، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ سودىيەلەر قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پروكراتورلار قانۇنى» ۋە «مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىدە خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىسى تەسىس قىلىش توغرىسىدىكى قارارى»غا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى.

**2 ـ ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يەرلىك دۆلەت ئورگىنى خادىملىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ـ قالدۇرۇش، ۋەزىپىگە تەيىنلەش - قالدۇرۇشنى قارار قىلىش، مۇۋەققەت ۋەزىپىگە بېكىتىش، ۋەزىپىگە تەيىنلەش ـ قالدۇرۇشنى تەستىقلاش، ۋەزىپىدىن ئېلىپ تاشلاش، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى سايلىغان ۋە دائىمىي كومىتېت تەيىنلىگەن يەرلىك دۆلەت ئورگىنى خادىملىرىنىڭ ئىستېپاسىنى قوبۇل قىلىشتا مۇشۇ چارىنى تەتبىقلايدۇ.

**3 ـ ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يەرلىك دۆلەت ئورگىنى خادىملىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ـ قالدۇرۇشتا ياخشىلىرىنى ئىشقا قويۇش، ئەخلاقلىق ھەم قابىلىيەتلىك بولۇش، ئەمەلىي نەتىجىگە ئەھمىيەت بېرىش پرىنسىپى ۋە كادىرلارنى ئىنقىلابىيلاشتۇرۇش، ياشلاشتۇرۇش، بىلىم ئەھلىگە، كەسىپ ئەھلىگە ئايلاندۇرۇش تەلىپىدە چىڭ تۇرىدۇ، قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپكە ئەمەل قىلىدۇ.

## 2 ـ باب ۋەزىپىگە تەيىنلەش - قالدۇرۇش دائىرىسى

**4 ـ ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى يېپىق مەزگىلدە، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى مەلۇم سەۋەب بىلەن ۋەزىپە ئۆتىيەلمىگەن چاغدا، مۇدىرلار يىغىنىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىنلىرى ئىچىدىن مۇۋەققەت رەئىس، مۇۋەققەت مەھكىمە باشلىقى، مۇۋەققەت باش تەپتىشنى بېكىتىدۇ. مۇئاۋىن ۋەزىپىدە بولمىغانلارنى مۇۋەققەت ۋەزىپىگە بېكىتىش توغرا كەلسە، نامزات كۆرسەتكۈچى ئورگاننىڭ تەكلىپ نامزاتىغا ئاساسەن، مۇدىرلار يىغىنىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن ئاۋۋال مۇئاۋىن رەئىس، مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى، مۇئاۋىن باش

تەپتىش قىلىپ بېكىتىپ، ئاندىن مۇۋەققەت رەئىس، مۇۋەققەت مەھكىمە باشلىقى، مۇۋەققەت باش تەپتىشلىككە بېكىتىلىدۇ. مۇۋەققەت رەئىس، مۇۋەققەت مەھكىمە باشلىقى، مۇۋەققەت باش تەپتىش خىزمەت ھوقۇقىنى كېيىنكى قېتىملىق ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى رەئىس، مەھكىمە باشلىقى، باش تەپتىشنى بېكىتىدىن سايلاپ چىققىچە يۈرگۈزىدۇ. بېكىتىلگەن مۇۋەققەت باش تەپتىش ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ئەنگە ئالدۇرۇلىدۇ.

**5 - ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى يېپىق مەزگىلدە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى سالامەتلىكى يار بەرمەي خىزمەت ئىشلىيەلمىسە ياكى ئورنى بوش قالسا، مۇدىرلار يىغىنىنىڭ تەكلىپى بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مۇئاۋىن مۇدىرلاردىن بىرىنى مۇۋەققەت مۇدىرلىققا كۆرسىتىدۇ، مۇۋەققەت مۇدىر خىزمەتنى مۇدىرنىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگىچە ياكى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى يېڭى مۇدىر سايلاپ چىققىچە داۋاملاشتۇرىدۇ.

**6 - ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى يېپىق مەزگىلدە، ئاپتونوم رايون رەئىسىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن، ئاپتونوم رايوننىڭ ئايرىم مۇئاۋىن رەئىسلىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش - قالدۇرۇشنى قارار قىلىدۇ.

ئاپتونوم رايون رەئىسىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى، نازىر، كومىتېت مۇدىرى قاتارلىق ھۆكۈمەت تەركىبىدىكىلەرنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش - قالدۇرۇشنى قارار قىلىدۇ.

**7 - ماددا** مۇدىرلار يىغىنىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ، قۇمۇل، تۇرپان ۋىلايەتلىك (تۆۋەندە 5 ۋىلايەت دېيىلىدۇ) ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ باشلىقىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش - قالدۇرۇشنى قارار قىلىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى باشلىقىنىڭ سۇنۇشى بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە 5 ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىرى، سوت ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى، كوللېگىيە باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقلىرى، سوتچىلىرىنى؛ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى شۆبىسى (تۆۋەندە بىڭتۇەن شۆبە مەھكىمىسى دېيىلىدۇ) نىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقلىرى، سوت ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى، كوللېگىيە باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقلىرى، سوتچىلىرىنى؛ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىلىرى (تۆۋەندە بىڭتۇەن ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىلىرى دېيىلىدۇ) نىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقلىرى، سوت ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى، كوللېگىيە باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقلىرى، سوتچىلىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەيدۇ ۋە قالدۇرىدۇ.

**8 - ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى باش تەپتىشىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى شۆبىلىرىنىڭ باش تەپتىشىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش - قالدۇرۇشنى قارار قىلىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى باش تەپتىشىنىڭ سۇنۇشى بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ۋە شۆبىلىرىنىڭ مۇئاۋىن باش تەپتىشلىرى، تەپتىش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى، تەپتىشلىرى ھەم ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى تەسىس قىلغان تۈرمە تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ باش تەپتىشى، مۇئاۋىن باش تەپتىشلىرى، تەپتىش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى، تەپتىشلىرىنى؛ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى خەلق تەپتىش مەھكىمىسى (تۆۋەندە بىڭتۇەن خەلق تەپتىش مەھكىمىسى دېيىلىدۇ) نىڭ باش تەپتىشى، مۇئاۋىن باش تەپتىشلىرى، تەپتىش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى، تەپتىشلىرىنى؛ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ شۆبىلىرى (تۆۋەندە بىڭتۇەن خەلق تەپتىش مەھكىمىسى شۆبىلىرى دېيىلىدۇ) نىڭ باش تەپتىشى، مۇئاۋىن باش تەپتىشلىرى، تەپتىش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى، تەپتىشلىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەيدۇ ۋە قالدۇرىدۇ.

**9 - ماددا** ئاپتونوم ئوبلاستلىق، رايون بار شەھەرلىك، ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك ۋە 5 ۋىلايەتكە قاراشلىق ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ باش تەپتىشى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىدا سايلاپ چىقىلغان ياكى ۋەزىپىدىن قالدۇرۇۋېتىلگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى ئۇنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشىغا سۇنىدۇ. تەستىقلانغىچە، ئەسلىدىكى باش تەپتىش مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىۋېرىدۇ.

**10 - ماددا** مۇدىرلار يىغىنىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، خىزمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ

مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتلىرىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى، باش كاتىپى، ئەزالىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەيدۇ ۋە قالدۇرىدۇ.

**11 ـ ماددا** مۇدىرلار يىغىنىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋەكىللەر سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى، ئەزالىرى نامزاتىنى ماقۇللايدۇ. ۋەكىللەر سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش ھەيئىتى تەركىبىدىكىلەر دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر ئىچىدىن كۆرسىتىلىدۇ.

## 3 ـ باب ۋەزىپىگە تەيىنلەش ـ قالدۇرۇش تەرتىپى

**12 ـ ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلەش ـ قالدۇرۇشىغا، ۋەزىپىدىن ئېلىپ تاشلاشنى قارار قىلىشىغا، ئىستېپاسىنى تەستىقلىشىغا سۇنۇلىدىغان خادىملار ھەققىدە سۇنغۇچى يازما تەكلىپ قويۇپ، دائىمىي كومىتېت يىغىنى ئېچىلىشتىن 15 كۈن بۇرۇن دائىمىي كومىتېتىنىڭ كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ـ قالدۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل ئاپپاراتىغا ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە يېزىقتا تاپشۇرىدۇ.

ۋەزىپىگە تەيىنلەش، تەيىنلەشنى قارار قىلىش، مۇۋەققەت ۋەزىپىگە بېكىتىش، تەيىنلەشنى تەستىقلاشقا سۇنۇشتا تەيىنلەنگۈچىنىڭ ياكى مۇۋەققەت ۋەزىپىگە قويۇلغۇچىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى ۋە سىناش ماتېرىيالى قوشۇمچە قىلىنىدۇ؛ قوشۇۋېتىلگەن، كۆپەيتىپ قۇرۇلغان ۋە نامى ئۆزگەرگەن ئاپپاراتلارنىڭ خادىملىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەشكە سۇنۇشتا يۇقىرىنىڭ تەستىق ھۆججىتى قوشۇمچە قىلىنىدۇ؛ ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش، قالدۇرۇشنى قارار قىلىش، قالدۇرۇشنى تەستىقلاشقا سۇنۇشتا قالدۇرۇلغۇچىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى ۋە قالدۇرۇش سەۋەبى توغرىسىدىكى ماتېرىيال قوشۇمچە قىلىنىدۇ؛ ۋەزىپىدىن ئېلىپ تاشلاشنى قارار قىلىشقا سۇنۇشتا ۋەزىپىدىن ئېلىپ تاشلانغۇچىنىڭ ئالاقىدار ماتېرىيالى قوشۇمچە قىلىنىدۇ؛ ۋەزىپىدىن ئىستېپا بەرگۈچى دائىمىي كومىتېتقا يازما ئىلتىماس سۇنىدۇ، ئىستېپانى تەستىقلاشقا سۇنۇشتا ئىستېپا سورىغۇچىنىڭ ئىلتىماسى ۋە تەڭ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ياكى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئىستېپانى قوبۇل قىلىش قارارى قوشۇمچە قىلىنىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ۋەزىپىگە تەيىنلەشكە سۇنغان خادىملار سودىيىلەر قانۇنى، پروكوراتورلار قانۇنىدا بەلگىلەنگەن شەرتنى ھازىرلىغان بولۇشى كېرەك.

**13 ـ ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ـ قالدۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل ئاپپاراتى قاراپ چىقىشقا سۇنۇلغان ۋەزىپىگە تەيىنلەش ـ قالدۇرۇش تەكلىپىنى، ۋەزىپىدىن ئېلىپ تاشلاش تەكلىپىنى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈپ، مۇدىرلار يىغىنىغا دوكلات قىلىدۇ، مۇدىرلار يىغىنىدا ئۇنى دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇش ـ سۇنماسلىق قارار قىلىنىدۇ. مۇدىرلار يىغىنىدا زۆرۈر دەپ قارالسا، سۇنغۇچى ياكى سۇنغۇچى ئورگان تەيىنلەنگۈچى، قالدۇرۇلغۇچى، ۋەزىپىدىن ئېلىپ تاشلانغۇچىنىڭ ئەھۋالىنى مۇدىرلار يىغىنىغا تونۇشتۇرسا بولىدۇ.

دائىمىي كومىتېتىنىڭ كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ـ قالدۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل ئاپپاراتى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ۋەزىپىگە تەيىنلەشكە سۇنغان خادىملارنى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈش داۋامىدا، زۆرۈر تېپىلغاندا ئالاقىدار ئورگانلار بىلەن بىرلىكتە ئەھۋال ئىگىلىسە، ئالاقىدار تارماق ۋە ئاممىدىن پىكىر ئالسا بولىدۇ.

**14 ـ ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىدا تەيىنلەش ـ قالدۇرۇش تەكلىپى، ۋەزىپىدىن ئېلىپ تاشلاش تەكلىپى قاراپ چىقىلغاندا، سۇنغۇچى ياكى سۇنغۇچى ھاۋالە قىلغان ئالاقىدار تارماقنىڭ مەسئۇلى يىغىنغا كېلىپ ئەھۋال تونۇشتۇرىدۇ، پىكىرلەرنى ئاڭلايدۇ، سوئاللارغا جاۋاب بېرىدۇ.

**15 ـ ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ياكى خەلق ئاممىسىنىڭ تەيىنلەشكە كۆرسىتىلگۈچىنىڭ مەسىلىسىنى پاش قىلىپ، شىكايەت قىلىپ يازغان ماتېرىيالىنى تاپشۇرۇۋالغاندا ياكى دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر تەيىنلەنگۈچىدە بەزى ئېنىقلاپ ئىگىلەشكە تېگىشلىك مەسىلە بار دەپ قارىغاندا، مۇدىرلار يىغىنىنىڭ قارارى بىلەن، سۇنغۇچى ئورگان ياكى سۇنغۇچى دائىمىي كومىتېتقا يازما دوكلات قىلىدۇ؛ ياكى دائىمىي كومىتېتىنىڭ كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ـ قالدۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل ئاپپاراتى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە پاش قىلىنغان، شىكايەت قىلىنغان مەسىلىنى ئىگىلەپ يازما دوكلات سۇنغاندىن كېيىن، دائىمىي كومىتېتىنىڭ كېلەر قېتىملىق يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا

سۆزلىنىدۇ.

**16 - ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكىلەر ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغان، قالدۇرۇلىدىغان ئايرىم نامزاتلار ئۈستىدە بىردەك پىكىرگە كېلەلمىسە، ئاۋازغا قويۇش - قويماسلىق مۇدىرلار يىغىنىدا قارار قىلىنىدۇ.

ئاۋازغا قويۇشتىن بۇرۇن، سۆزلىگۈچى ياكى سۆزلىگۈچى ئورگان كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش - قالدۇرۇش تەكلىپىنى قايتۇرۇۋېلىشنى يازما ئوتتۇرىغا قويسا، مۇدىرلار يىغىنىنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن، دائىمىي كومىتېت يىغىنىدىكىلەرنىڭ بۇ تەكلىپنى قاراپ چىقىشى توختىتىلىدۇ.

**17 - ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش - قالدۇرۇش تەكلىپى، ۋەزىپىدىن ئېلىپ تاشلاش تەكلىپىنى ماقۇللىغاندا، يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش (ئېلېكترونلۇق ئاۋاز بېرىش ئەسۋابىنى ئىشلىتىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەرنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن، باشقا ئۇسۇل قوللىنىلسىمۇ بولىدۇ. دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر ۋەزىپىگە تەيىنلەش - قالدۇرۇشقا سۇنۇلغان نامزاتقا قوشۇلۇپ ئاۋاز بەرسىمۇ، قارشى ئاۋاز بەرسىمۇ ياكى ھوقۇقىدىن ۋاز كەچسىمۇ بولىدۇ. ۋەزىپىگە تەيىنلەش - قالدۇرۇش تەكلىپى، ۋەزىپىدىن ئېلىپ تاشلاش تەكلىپى دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكى بارلىق خادىملارنىڭ تەڭدىن تولىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ماقۇللىنىدۇ. ئاۋاز بېرىش نەتىجىسىنى يىغىن رىياسەتچىسى نەق مەيداندا جاكارلايدۇ.

**18 - ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى ۋە خىزمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەركىبىدىكىلەر، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىرى، سوت ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى، 5 ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ۋە بىڭتۇەن شۆبە سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باش تەپتىشلىرى، تەپتىش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى شۆبىلىرىنىڭ باش تەپتىشى، بىڭتۇەن خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى، مۇئاۋىن باش تەپتىشلىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش - قالدۇرۇش بىر - بىرلەپ ئاۋازغا قويۇلىدۇ.

يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ باشقا خادىملىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش - قالدۇرۇش بىرلەشتۈرۈپ ئاۋازغا قويۇلىدۇ. دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر بىرلەشتۈرۈپ ئاۋازغا قويۇلىدىغان ۋەزىپىگە تەيىنلەش - قالدۇرۇش تەكلىپىدىكى ئايرىم نامزاتقا پىكىر بەرسە، شۇ نامزات ئايرىم ئاۋازغا قويۇلسا بولىدۇ.

**19 - ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلەشنى قارار قىلىشقا سۇنۇلغان نامزات ماقۇللانمىغاندا، سۆزلىگۈچى خىزمەت ئېھتىياجى ۋە ئۇنىڭ شەرتىگە قاراپ، دائىمىي كومىتېتنىڭ كېيىنكى يىغىنىغا داۋاملىق كۆرسەتسە بولىدۇ. دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا ئۇدا 2 قېتىم ئاۋازغا قويۇلۇپ ماقۇللانمىغانلارنى شۇ ۋەزىپىگە يەنە نامزات قىلىپ كۆرسىتىشكە بولمايدۇ.

**20 - ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يەرلىك دۆلەت ئورگىنىنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن خادىملىرىغا تەيىنلىنامە بېرىدۇ. تەيىنلىنامىگە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىمزا قويىدۇ.

تۆۋەندىكى خادىملارغا تەيىنلىنامە بېرىلمەيدۇ:

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇۋەققەت رەئىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ مۇۋەققەت باش تەپتىشى، ئاپتونوم ئوبلاستلىق، رايون بار شەھەرلىك، ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك ۋە 5 ۋىلايەتكە قاراشلىق ناھىيىلىك (شەھەرلىك) خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ تەيىنلەش ئەستىقلانغان باش تەپتىشى.

**21 - ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋەزىپىگە تەيىنلەيدىغان، قالدۇرىدىغان ۋە ۋەزىپىدىن ئېلىپ تاشلاشنى قارار قىلىدىغان يەرلىك دۆلەت ئورگىنى خادىملىرى دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا ماقۇللىنىشتىن بۇرۇن ۋەزىپىگە ئولتۇرماسلىقى، ۋەزىپىدىن ئايرىلماسلىقى ۋە سىرتقا ئېلان قىلىنماسلىقى كېرەك.

**22 - ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن، قالدۇرغان ياكى ۋەزىپىدىن ئېلىپ تاشلىغان يەرلىك دۆلەت ئورگىنى خادىملىرىنىڭ ئىسملىكى ئاخبارات ۋاسىتىسى ئارقىلىق جەمئىيەتكە ئېلان قىلىنىدۇ ھەمدە ھۆججەت ئارقىلىق سۆزلىگۈچى ئورگانغا ئۇقتۇرۇلىدۇ، كۆچۈرۈلمىسى ئالاقىدار ئورگانلارغا ئەۋەتىلىدۇ.

**23 - ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ماقۇللىغان ئاپتونوم رايونلۇق خەلق

قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋەكىللەر سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى ۋە ئەزالىرى، ۋەزىپىگە تەيىنلەشنى قارار قىلغان ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى، نازىرلار، كومىتېت مۇدىرلىرى، 5 ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى شۆبىلىرىنىڭ باش تەپتىشى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نۆۋىتى توشقىچە ۋەزىپە ئۆتەيدۇ. نۆۋەت ئالماشتۇرغاندىن كېيىن، مۇدىرلار يىغىنى ياكى سۇنغۇچى ئورگان يېڭى بىر نۆۋەتلىك ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 1 - يىغىنى ياكى 2 - يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىپ تەيىنلىشىگە سۇنىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى نۆۋەت ئالماشتۇرغاندىن كېيىن، دائىمىي كومىتېت ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ باشقا خادىملىرىنىڭ ۋەزىپىسىدە ئۆزگىرىش بولمىسا، قايتىدىن تەيىنلەنمەيدۇ.

**24 - ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن، تەيىنلەشنى قارار قىلغان، ۋەزىپىگە تەيىنلەشنى تەستىقلىغان يەرلىك دۆلەت ئورگىنى خادىملىرى ئۆزى ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ئورگاننىڭ نامى ئۆزگەرگەن ياكى شۇ ئورگان ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەندە، ئەسلى ۋەزىپىسىدىن ئۆزلىكىدىن قالىدۇ، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش رەسمىيىتى بېجىرىلمەيدۇ. ئۇنى ئەسلى سۇنغۇچى ئورگان دائىمىي كومىتېتقا ئەنگە ئالدۇرىدۇ. نامى ئۆزگەرگەن ياكى بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەن يەرلىك دۆلەت ئورگىنىنىڭ خادىملىرىنى سۇنغۇچى ئورگان دائىمىي كومىتېتنىڭ قايتىدىن تەيىنلىشىگە سۇنىدۇ.

**25 - ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن يەرلىك دۆلەت ئورگىنى خادىملىرىنىڭ خىزمىتىدە ئۆزگىرىش بولغان ياكى ۋەزىپە ئۆتەش يېشى توشۇپ قالغاندا، سۇنغۇچى ئورگاننىڭ تەكلىپى بىلەن دائىمىي كومىتېت ۋەزىپىسىدىن قالدۇرغاندىن كېيىن، ۋەزىپىدىن ئايرىلىش ياكى دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىقىش رەسمىيىتى بېجىرىلىدۇ. ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان مەزگىلدە ۋاپات بولغانلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەشكە سۇنغان ئەسلى ئورگان دائىمىي كومىتېتقا ۋاقتىدا ئەنگە ئالدۇرىدۇ.

**26 - ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن يەرلىك دۆلەت ئورگىنى خادىملىرىنىڭ نىسبىي مۇقىملىقىنى ساقلاش كېرەك. ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى توشقىچە ئالاھىدە ئەھۋال بولمىسا يۆتكىمەسلىك كېرەك. خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن ئايرىملىرىنى تەڭشەشكە توغرا كەلگەندە، قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە ئىش كۆرۈش كېرەك.

## 4 - باب ئىستېپا سوراش، ۋەزىپىدىن ئېلىپ تاشلاش

**27 - ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى يېپىق مەزگىلدە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكىلەر، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى دائىمىي كومىتېتتىن ئىستېپا سورىسا بولىدۇ، ئىستېپانى قوبۇل قىلىش - قىلماسلىق دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا قارار قىلىنىدۇ. دائىمىي كومىتېت ئىستېپانى قوبۇل قىلىشنى قارار قىلغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ كېلەر قېتىملىق يىغىنىغا ئەنگە ئالدۇرىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى باش تەپتىشىنىڭ ئىستېپاسى قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى ئارقىلىق مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشىغا سۇنىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى باش تەپتىشىنىڭ سۇنۇشى بىلەن، دائىمىي كومىتېت ئاپتونوم ئوبلاستلىق، تەۋەسىدە رايون بار شەھەرلىك، ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك ۋە 5 ۋىلايەتكە قاراشلىق ناھىيىلىك (شەھەرلىك) خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى باش تەپتىشىنىڭ ئىستېپاسىنى تەستىقلايدۇ.

**28 - ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكىلەر دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگىنى، سوت ئورگىنى ۋە تەپتىش ئورگىنىدا ۋەزىپە ئۆتىسە بولمايدۇ؛ ئەگەر يۇقىرىقى ۋەزىپىلەرنى ئۆتىسە، دائىمىي كومىتېتقا دائىمىي كومىتېتتىكى ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىشى شەرت.

**29 - ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى يېپىق مەزگىلدە، ئاپتونوم رايون رەئىسىنىڭ سۇنۇشى بىلەن، ئاپتونوم رايوننىڭ ئايرىم مۇئاۋىن رەئىسلىرىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى، نازىر، كومىتېت مۇدىرىنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاشنى قارار قىلىدۇ.

**30 - ماددا** مۇدىرلار يىغىنىنىڭ سۇنۇشى بىلەن، 5 ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقىنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاشنى قارار قىلىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى باشلىقىنىڭ سۇنۇشى بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىرى، سوت ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى، كوللېگىيە باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقلىرى، سوتچىلىرىنى؛ 5 ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىرى، سوت ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى، كوللېگىيە باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقلىرى، سوتچىلىرىنى؛ بىڭتۈەن شۆبە سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقلىرى، سوت ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى، كوللېگىيە باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقلىرى، سوتچىلىرىنى؛ بىڭتۈەن ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقلىرى، سوت ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى، كوللېگىيە باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقلىرى، سوتچىلىرىنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاشنى قارار قىلىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى باشلىقىنىڭ سۇنۇشى بىلەن، ئاپتونوم ئوبلاستلىق، تەۋەسىدە رايون بار شەھەرلىك، ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك ۋە 5 ۋىلايەتكە قاراشلىق ناھىيىلىك (شەھەرلىك) خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ باشلىقىنى ئالماشتۇرۇۋېتىشنى تەستىقلايدۇ.

**31 - ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى باش تەپتىشىنىڭ سۇنۇشى بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باش تەپتىشلىرى، تەپتىش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى، تەپتىشلىرىنى؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى شۆبىلىرىنىڭ باش تەپتىشى، مۇئاۋىن باش تەپتىشلىرى، تەپتىش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى، تەپتىشلىرىنى؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى تەسىس قىلغان تۈرمە تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ باش تەپتىشى، مۇئاۋىن باش تەپتىشلىرى، تەپتىش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى، تەپتىشلىرىنى؛ بىڭتۈەن خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى، مۇئاۋىن باش تەپتىشلىرى، تەپتىش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى، تەپتىشلىرىنى؛ بىڭتۈەن خەلق تەپتىش مەھكىمىسى شۆبىلىرىنىڭ باش تەپتىشى، مۇئاۋىن باش تەپتىشلىرى، تەپتىش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى، تەپتىشلىرىنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاشنى قارار قىلىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى باش تەپتىشىنىڭ سۇنۇشى بىلەن، ئاپتونوم ئوبلاستلىق، رايون بار شەھەرلىك، ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك ۋە 5 ۋىلايەتكە قاراشلىق ناھىيىلىك (شەھەرلىك) خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ باش تەپتىشىنى ئالماشتۇرۇۋېتىشنى تەستىقلايدۇ.

**32 - ماددا** مۇدىرلار يىغىنىنىڭ سۇنۇشى بىلەن، دائىمىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپىنى خىزمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرىنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاشنى قارار قىلىدۇ.

**33 - ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكىلەردىن 5 تىن ئارتۇق كىشى بىرلىشىپ ئىمزا قويۇپ، دائىمىي كومىتېت تەيىنلىگەن يەرلىك دۆلەت ئورگىنى خادىملىرىنى ۋەزىپىدىن ئېلىپ تاشلاش تەكلىپىنى بەرسە بولىدۇ، بۇنى دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇش - سۇنماسلىق مۇدىرلار يىغىنىدا قارار قىلىنىدۇ. مۇدىرلار يىغىنىدا دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇش قارار قىلىنغان بولسا، ۋەزىپىدىن ئېلىپ تاشلانغۇچى يىغىنغا كەلسە ياكى يازما پىكىر بەرسە بولىدۇ؛ مۇدىرلار يىغىنىدا دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنماسلىق قارار قىلىنغان بولسا، تەكلىپ بەرگۈچىلەرگە ئىزاھات بېرىدۇ.

**34 - ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن يەرلىك دۆلەت ئورگىنى خادىملىرىدىن مەمۇرىي چارە كۆرۈلگەنلىرىنى چارە كۆرگۈچى ئورگان دائىمىي كومىتېتقا ئەنگە ئالدۇرىدۇ.

## 5 - باب قوشۇمچە پرىنسىپ

**35 - ماددا** بۇ چارىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى چۈشەندۈرىدۇ.

**36 - ماددا** بۇ چارە ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش - قالدۇرۇش ۋە نىزام، قارار ماقۇللاش چارىسى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى خىزمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى ۋە ئەزالىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش - قالدۇرۇش توغرىسىدىكى قارارى» شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىكار قىلىنىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دېلوغا چېتىشلىق بۇيۇملارغا باھا قويۇشنى باشقۇرۇش چارىسى

(1999 - يىل 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر

ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 10 - يىغىنىدا ماقۇللاندى).

## 1 - باب ئومۇمىي پرىنسىپ

**1 - ماددا** بۇ نىزام دېلوغا چېتىشلىق بۇيۇملارغا باھا قويۇش ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش، ئەدلىيە ۋە مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش پائالىيىتىنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش، دۆلەتنىڭ، پۇقرالارنىڭ، قانۇنىي ئىگىلەرنىڭ ۋە باشقا تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش مەقسىتىدە، دۆلەتنىڭ ئالاقىدار قانۇن - نىزاملىرىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى.

**2 - ماددا** بۇ نىزام ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەمۇرىي تەۋەسىدە دېلوغا چېتىشلىق بۇيۇملارغا باھا قويۇشنى باشقۇرۇش ۋە باھا قويۇش كەسپىگە تەتبىقلىنىدۇ.

**3 - ماددا** بۇ نىزامدا ئېيتىلغان دېلوغا چېتىشلىق بۇيۇملار ئەدلىيە ئورگانلىرى، قانۇن ئىجرا قىلغۇچى مەمۇرىي ئورگانلار ۋە كېسىم ئاپپاراتلىرى جىنايى ئىشلار دېلوسى، مەمۇرىي دېلو، ھەق تەلەپ دېلوسى، ئىقتىسادىي دېلو قاتارلىق تۈرلۈك دېلولارنى بىجىرگەندە چېتىلىدىغان بۇيۇملارنى كۆرسىتىدۇ.

دېلوغا چېتىلىدىغان باھاسى تالاش - تارتىشتا قالغان ياكى ئېنىق بولمىغان مۇلازىمەت ۋە شەكىلسىز مۈلۈككە باھا قويۇشتا بۇ نىزام تەتبىقلىنىدۇ.

**4 - ماددا** دېلوغا چېتىشلىق تۆۋەندىكى بۇيۇملارغا باھا قويۇش ئاپپاراتى باھا قويىدۇ.

(1) باھاسى ئېنىق بولمىغان ياكى باھاسىنى بېكىتىش تەس بولغان بۇيۇملار؛

(2) باھاسىنى بېكىتىشتە تالاش - تارتىش بولغان بۇيۇملار؛

(3) كونىرىغان، بۇزۇلغان ياكى ئىشلىتىلگەن بۇيۇملار؛

(4) مېتىۋېتىلىدىغان بۇيۇملار؛

(5) قانۇن نىزاملاردىكى بەلگىلىمە بويىچە باھا قويۇشقا تېگىشلىك باشقا بۇيۇملار.

ئەدلىيە ئورگانلىرى قانۇن ئىجرا قىلغۇچى مەمۇرىي ئورگانلار ۋە كېسىم ئاپپاراتلىرى (تۆۋەندە ھاۋالە قىلغۇچى ئورگان دېيىلىدۇ) دېلوغا چېتىشلىق يۇقىرىقى دائىرىدىكى بۇيۇملارغا باھا قويۇشنى باھا قويۇش ئاپپاراتىغا ۋاقتىدا ھاۋالە قىلىشى شەرت.

**5 - ماددا** دېلوغا چېتىشلىق بۇيۇملارغا باھا قويۇشتا قانۇنلۇق، ئوبيېكتىپ، ئادىل، ئىلمىي بولۇش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىش لازىم.

**6 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ باھا مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى دېلوغا چېتىشلىق بۇيۇملارغا باھا قويۇشنى باشقۇرىدىغان تارماق بولۇپ، دېلوغا چېتىشلىق بۇيۇملارغا باھا قويۇشنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ. ئۇ تەسىس قىلغان باھا قويۇش ئاپپاراتى دېلوغا چېتىشلىق بۇيۇملارغا باھا قويۇش خىزمىتىگە كونكرېت مەسئۇل بولىدۇ.

## 2 - باب باھا قويۇش ئاپپاراتى ۋە خادىملىرى

**7 - ماددا** ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەمۇرىي تەۋەسىدە تەسىس قىلىنغان دېلوغا چېتىشلىق بۇيۇملارغا باھا قويۇش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاپپاراتلار ئاپتونوم رايونلۇق باھا مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىدىن «دېلوغا چېتىشلىق بۇيۇملارغا باھا قويۇش سالاھىيەتنامىسى» ئېلىشى شەرت.

**8 - ماددا** دېلوغا چېتىشلىق بۇيۇملارغا باھا قويغۇچىلار ئاپتونوم رايونلۇق باھا مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىنىڭ بىر تۇتاش ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ «باھا قويغۇچىلار سالاھىيەتنامىسى» ئېلىپ، دېلوغا چېتىشلىق بۇيۇملارغا باھا قويۇش خىزمىتىنى ئىشلىسە بولىدۇ.

**9 - ماددا** دېلوغا چېتىشلىق بۇيۇملارغا باھا قويۇش سالاھىيەتنامىسى، باھا قويغۇچىلار سالاھىيەتنامىسى، باھا قويۇش يەكۈنى ۋە قويۇلغان باھانى قايتا تەكشۈرۈش يەكۈنىنى ئاپتونوم رايونلۇق باھا مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى بىر تۇتاش باستۇرۇپ تارقىتىدۇ.

**10 - ماددا** باھا قويغۇچىلار تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرىدە ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ تۇرۇشى لازىم:

(1) شۇ دېلودىكى دەۋالاشقۇچى ياكى دەۋالاشقۇچىنىڭ يېقىن تۇغقىنى بولسا؛

(2) شۇ دېلو بىلەن مەنپەئەت مۇناسىۋىتى بولسا؛

(3) شۇ دېلودىكى دەۋالاشقۇچى بىلەن باشقا مۇناسىۋىتى بولۇپ، ئادىل باھا قويۇشقا تەسىر يېتىش ئېھتىمالى بولسا.

باھا قويغۇچىلارنىڭ ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ تۇرۇشىنى باھا قويۇش ئاپپاراتىنىڭ مەسئۇلى بېكىتىدۇ؛ باھا قويۇش ئاپپاراتى مەسئۇلىنىڭ ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ تۇرۇشىنى شۇ ئاپپاراتنىڭ

مەسئۇل تارمىقى بېكىتىدۇ.

## 3 ـ باب باھا قويۇش تەرتىپى

**11 ـ ماددا** ئەدلىيە ئورگانلىرى، قانۇن ئىجرا قىلغۇچى مەمۇرىي ئورگانلار، كېسىم ئاپپاراتلىرى ۋە دېلودىكى دەۋالاشقۇچىلار (تۆۋەندە ھاۋالە قىلغۇچى دېيىلىدۇ) باھا قويۇلىدىغان دېلوغا چېتىشلىق بۇيۇملارغا باھا قويۇشنى دېلونى قاراپ چىقىش جەريانىدا ياكى دېلوغا چېتىشلىق بۇيۇملارنى بېتىۋېتىش، كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىشتىن بۇرۇن باھا قويۇش ئاپپاراتىغا ھاۋالە قىلىشى لازىم، قانۇندا ئايرىم بەلگىلەنگەنلىرى بۇنىڭ سىرتىدا.

**12 ـ ماددا** ھاۋالە قىلغۇچى ئورگان ياكى ھاۋالە قىلغۇچى باھا قويۇشنى ھاۋالە قىلىشتا، ئالاقىدار ئەھۋال ۋە ماتېرىياللار بىلەن ئەينەن تەمىن ئېتىشى ھەمدە «باھا قويۇش ھاۋالىنامىسى» بېرىشى كېرەك. باھا قويۇش ھاۋالىنامىسىدە تۆۋەندىكى مەزمۇنلار ئېنىق يېزىلىشى لازىم.

(1) باھا قويۇشتىكى مەقسەت ۋە تەلەپ؛

(2) باھا قويۇش دائىرىسى ۋە ئۆلچەم كۈنى؛

(3) دېلوغا چېتىشلىق بۇيۇملارنىڭ نامى، ئۆلچىمى، تىپى، مىقدارى، مەنبەسى، سېتىۋېلىنغان ۋاقتى، ئىشلىتىلگەن ۋاقتى، يېڭى ـ كونىلىقى، سېتىۋېلىش باھاسى قاتارلىقلار؛

(4) باشقا ئالاقىدار ئەھۋال ۋە ماتېرىياللار.

باھا قويۇش ھاۋالىنامىسىگە ھاۋالە قىلغۇچى ئورگان تامغا بېسىشى ياكى ھاۋالە قىلغۇچى ئىمزا قويۇشى كېرەك.

**13 ـ ماددا** دېلوغا چېتىشلىق بۇيۇملارغا باھا قويۇش كەسپىنى دېلونى بېجىرگۈچى ئورۇن تۇرۇشلۇق جايدىكى باھا قويۇش ئاپپاراتى ياكى ئاپتونوم رايونلۇق باھا مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى تەسىس قىلغان باھا قويۇش ئاپپاراتى ئۈستىگە ئالىدۇ.

دېلوغا چېتىشلىق بىر بۇيۇمغا كۆپ تەرەپكە ھاۋالە قىلىپ تەكرار باھا قويغۇزۇشقا بولمايدۇ.

**14 ـ ماددا** باھا قويۇش ئاپپاراتى ھاۋالىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن باھا قويغۇچىلاردىن 2 دىن ئارتۇق ئادەمنى باھا قويۇشقا بەلگىلىشى لازىم. ئەھۋالنى مۇرەككەپ ياكى باھا قويۇش تەس بولغانلىرىغا ئالاقىدار تارماق ياكى مۇناسىۋەتلىك كەسپىي خادىملارنى قاتناشتۇرۇشى كېرەك.

**15 ـ ماددا** باھا قويۇش ئاپپاراتى «باھا قويۇش ھاۋالىنامىسى»نى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن 7 كۈن ئىچىدە، كۆپ بولغاندا 15 كۈن ئىچىدە باھا قويۇش يەكۈنى چىقىرىشى لازىم، ھاۋالە قىلغۇچى بىلەن ھاۋالە قىلىنغۇچى ئايرىم پۈتۈشكەنلىرى بۇنىڭ سىرتىدا.

باھا قويۇش ئاپپاراتىنىڭ باھا قويۇش يەكۈنىگە باھا قويغۇچىلار ۋە باھا قويۇش ئاپپاراتىنىڭ مەسئۇل ئىمزا قويۇشى ھەمدە باھا قويۇش ئاپپاراتىنىڭ تامغىسى بېسىلىشى شەرت.

**16 ـ ماددا** ھاۋالە قىلغۇچى ئورگان ياكى ھاۋالە قىلغۇچى باھا قويۇش يەكۈنىگە باشقىچە پىكىردە بولسا، باھا قويۇش يەكۈنىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن 10 كۈن ئىچىدە باھا قويۇش يەكۈنى چىقارغان باھا قويۇش ئاپپاراتىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى باھا مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى تەسىس قىلغان باھا قويۇش ئاپپاراتىغا قايتا تەكشۈرۈشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ.

بىر دەرىجە يۇقىرى باھا مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى تەسىس قىلغان باھا قويۇش ئاپپاراتى قايتا تەكشۈرۈش ئىلتىماسىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، 15 كۈن ئىچىدە، قايتا تەكشۈرۈش يەكۈنى چىقىرىشى ھەمدە قويۇلغان باھانى قايتا تەكشۈرۈش يەكۈنى چىقىرىشى لازىم. ھاۋالە قىلغۇچى ئورگان ياكى ھاۋالە قىلغۇچى قايتا تەكشۈرۈش يەكۈنىگە يەنىلا باشقىچە پىكىردە بولسا، قايتا تەكشۈرۈشنى ئاپتونوم رايونلۇق باھا دەلىللەش ئاپپاراتىغا بىۋاسىتە ئوتتۇرىغا قويسا بولىدۇ، ئاپتونوم رايونلۇق باھا دەلىللەش ئاپپاراتى قايتا تەكشۈرۈپ چىقارغان يەكۈن ئاخىرقى يەكۈن بولىدۇ.

## 4 ـ باب باھا قويۇش ئۇسۇلى

**17 ـ ماددا** باھا قويۇش ئاپپاراتى دېلوغا چېتىشلىق بۇيۇملارغا باھا ئۆلچەم كۈنىدىكى، شۇ جايدىكى شۇ خىل بۇيۇملارنىڭ باھاسى، سۈپەت ئەھۋالى ۋە يېڭى ـ كونىلىقىغا قاراپ باھا قويۇشى لازىم.

**18 ـ ماددا** ئوبوروت ساھەسىدىكى دېلوغا چېتىشلىق بۇيۇملاردىن ھۆكۈمەت بېكىتمە باھاسى دائىرىسىدىكىلىرىنىڭ باھاسى ھۆكۈمەت بېكىتمە باھاسى بويىچە ھېسابلىنىدۇ؛ ھۆكۈمەت يېتەكچى باھاسى دائىرىسىدىكىلىرىنىڭ باھاسى ھۆكۈمەت يېتەكچى باھاسىنىڭ ئۆلچەم باھاسى بويىچە ھېسابلىنىدۇ؛ بازار تەڭشىمە باھاسى دائىرىسىدىكىلىرىنىڭ باھاسى ئوتتۇراھال بازار باھاسى بويىچە ھېسابلىنىدۇ.

**19 ـ ماددا** ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىدىكى دېلوغا چېتىشلىق بۇيۇملارنىڭ باھاسى پۈتۈش دەرىجىسى ۋە تەننەرخىگە قاراپ سۇندۇرۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**20 ـ ماددا** دېلوغا چېتىشلىق بۇيۇملاردىن

ئېشلىتىلگەن ياكى كونىرىغانلىرىنىڭ باھاسى يېڭىلىق نىسبىتى، ھازىرقى ئىستېمال قىممىتى ياكى قالدۇق قىممىتى بويىچە سۇندۇرۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**21 - ماددا** يىغىۋالغىلى بولمايدىغان دېلوغا چېتىشلىق بۇيۇملارنىڭ باھاسى ھاۋالە قىلغۇچى ئورگان ياكى ھاۋالە قىلغۇچىنىڭ كۆچكە ئىگە ئىسپاتىغا ئاساسەن، بۇيۇمنىڭ ئەسلى ھالىتىگە قاراپ، مۇشۇ بابتىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەردىن پايدىلىنىپ ھېسابلىنىدۇ.

**22 - ماددا** قانۇن بويىچە سېتىۋېتىلىدىغان، قەرزگە ئۇدۇل قىلىنىغان دېلوغا چېتىشلىق بۇيۇملارغا قىممىتىنى تېزرەك رېئاللاشتۇرۇشقا پايدىلىق بولۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن، نەقلەشتۈرۈش باھاسى بويىچە باھا قويۇلسا بولىدۇ.

**23 - ماددا** مەدەنىيەت يادىكارلىقى، ئالتۇن - كۈمۈش زىننەت بۇيۇملىرى، ئۈنچە - مەرۋايىت، ئاكسىيە ۋە چېكىرىدىن كىرگۈزۈلگەن بۇيۇملارغا دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى بويىچە باھا قويۇلىدۇ.

## 5 - باب قانۇنىي جاۋابكارلىق

**24 - ماددا** ھاۋالە قىلغۇچى ئورگان مۇشۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، دېلوغا چېتىشلىق بۇيۇملارنى باھا قويۇش ئاپپاراتىنىڭ باھا قويۇشىغا ھاۋالە قىلمايلا ئۆز ئالدىغا بىر تەرەپ قىلغان ياكى يالغان ئەھۋال ۋە ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئەتكەن بولسا، ئۇنىڭ باھا يەكۈنىنى دېلو بېكىتىشنىڭ ئاساسى قىلىشقا بولمايدۇ ھەمدە ئۇنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگىنى ياكى ئالاقىدار تارماق مەسئۇل خادىمغا ۋە بىۋاسىتە جاۋابكارغا مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

**25 - ماددا** باھا قويۇش ئاپپاراتى مۇشۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، بەلگىلەنگەن باھا قويۇش تەرتىپى ۋە ئۇسۇلى بويىچە باھا قويمىغان بولسا ئاپتونوم رايونلۇق باھا مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ئۇنىڭ باھا قويۇش يەكۈنىنى ئىناۋەتسىز قىلىۋېتىدۇ ھەمدە ئەھۋالنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىگە قاراپ ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىدۇ، ئىشنى توختىتىپ تەرتىپكە سېلىشقا بۇيرۇيدۇ، ئەھۋال يەۋقۇلئاددە ئېغىر بولسا، ئاپتونوم رايونلۇق باھا مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ئۇنىڭ دېلوغا چېتىشلىق بۇيۇملارغا باھا قويۇش سالاھىيەتنامىسىنى بىكار قىلىدۇ؛ دېلوغا چېتىشلىق بۇيۇمغا ئالاقىدارلارغا زىيان سالغان بولسا تۆلەم بېرىشى كېرەك.

**26 - ماددا** باھا قويغۇچىلاردىن مۇشۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، تۆۋەندىكى قىلمىشلارنىڭ بىرىنى سادىر قىلغانلىرىغا باھا مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىرلىرىنىڭ باھا قويغۇچىلار سالاھىيەتنامىسىنى بىكار قىلسا بولىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

(1) خىزمەتتە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ، باھا قويۇش يەكۈنىنىڭ چىنلىقىنى يوقىتىپ قويۇشقا سەۋەبچى بولغان ياكى باھا قويۇش ۋاقتىنى خالىغانچە كېچىكتۈرۈپ، ھاۋالە قىلغۇچى ئورگاننىڭ دېلو بېجىرىشىگە ئېغىر تەسىر يەتكۈزگەنلەر؛

(2) ھاۋالە قىلغۇچى ئورگان ياكى ئالاقىدارلار بىلەن يامان غەرەزدە تىل بىرىكتۈرۈۋېلىپ، ساختا باھالاش يەكۈنى چىقارغانلار؛

(3) دېلوغا چېتىشلىق بۇيۇمنىڭ باھاسىغا ئائىت ماتېرىيال ياكى سانلىق مەلۇماتنى ئاشكارىلاپ قويۇپ، ئادىل باھا قويۇشقا تەسىر يەتكۈزگەنلەر؛

(4) نەپسانىيەتچىلىك، ساختىپەزلىك قىلىپ، خىزمەتتە بىپەرۋالىق قىلىپ باھا قويۇش يەكۈنىنىڭ چىنلىقىنى يوقىتىپ قويىدىغان باشقا قىلمىشلارنى سادىر قىلغانلار.

## 6 - باب قوشۇمچە پرىنسىپ

**27 - ماددا** ئىگىسىز بۇيۇملارغا باھا قويۇشتا مۇشۇ نىزامدىن پايدىلىنىلىدۇ.

**28 - ماددا** دېلوغا چېتىشلىق بۇيۇملارغا باھا قويۇش ھەققى ئېلىش چارىسى ۋە ھەق ئۆلچىمىدە دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى ئىجرا قىلىنىدۇ.

**29 - ماددا** بۇ نىزام 1999 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىنى تەپتىش قىلىش نىزامى

(1999 - يىل 9 - ئاينىڭ 24 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 11 - يىغىنىدا ماقۇللاندى).

# 1 - باب ئومۇمىي پرىنسىپ

**1 - ماددا** بۇ نىزام يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىي پائالىيىتىنى تەپتىش - نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىش، يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرىنىڭ مالىيە ۋە مۈلۈك باشقۇرۇشىنى چىڭىتىش، كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتلار ۋە دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش، يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش مەقسىتىدە، دۆلەتنىڭ ئالاقىدار قانۇن، نىزاملىرىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى.

**2 - ماددا** بۇ نىزامدا ئېيتىلغان يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىنى تەپتىش - قىلىش يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيىتىنى، كەنت قالدۇرۇقى، يېزا يىغىمىسى قاتارلىق دېھقانلار ئۈستىگە ئالىدىغان خىراجەت ۋە ئەمگەكنى ئېلىش، باشقۇرۇش، ئىشلىتىش ئەھۋالىنى، يېزا كوللېكتىپ مۈلكىنى ئىگىلەش، ئىشلىتىش ئەھۋالىنى تەپتىش قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

**3 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىنى تەپتىش قىلىش خىزمىتىگە مەسئۇل تارماق بولۇپ، ئۆز مەمۇرىي رايونىدىكى يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىنى تەپتىش قىلىش خىزمىتىنى يېتەكلەش، ماسلاشتۇرۇش، نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ.

يېزا ئىگىلىك مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى يېزا ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتىغا كونكرېت تەپتىش كەسپىنى يولغا قويۇش ھوقۇقى بېرىدۇ.

يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىنى تەپتىش قىلىش خىزمىتى كەسپىي جەھەتتە دۆلەت ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە بولىدۇ.

**4 - ماددا** يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىنى تەپتىش قىلىدىغان مۇپەتتىشلەر ئۆز خىزمىتىگە يارىشا كەسپىي بىلىم ۋە كەسپىي ئىقتىدارنى ھازىرلىشى، ئىمتىھاندا لاياقەتلىك بولغاندىن كېيىن، يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىنى تەپتىش قىلىش كىنىشكىسى بىلەن ئىش ئورنىغا بېرىشى كېرەك. يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىنى تەپتىش قىلىش كىنىشكىسىنى ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى بىر تۇتاش بېرىدۇ.

**5 - ماددا** يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىنى تەپتىش قىلىدىغان مۇپەتتىشلەرنىڭ يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىنى قانۇن بويىچە تەپتىش قىلىشى قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ.

مۇپەتتىشلەر تەپتىش ئىشلىرىدا ئادىل، راستچىل، پاك - ئىنتىزاملىق بولۇشى، مەخپىيەتنى ساقلىشى لازىم.

**6 - ماددا** يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىنى تەپتىش قىلىدىغان مۇپەتتىشلەر تەپتىش قىلغاندا، تەپتىش قىلىنغۇچى ئورۇن ياكى تەپتىش ئىشى بىلەن مەنپەئەت مۇناسىۋىتى بولسا ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ تۇرۇشى كېرەك.

**7 - ماددا** يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىنى تەپتىش قىلىشقا كېتىدىغان كەسپىي خىراجەت شۇ دەرىجىلىك مالىيە خام چوتىغا كىرگۈزۈلىدۇ.

**8 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ يېزا ئىگىلىك مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىنى تەپتىش قىلىش خىزمىتىدە نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغان ئورۇن ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلىشى ۋە مۇكاپاتلىشى لازىم.

# 2 - باب تەپتىش دائىرىسى ۋە ھوقۇقى

**9 - ماددا** يېزا ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى ئۆز مەمۇرىي رايونىدىكى تۆۋەندىكى ئورۇنلارنى تەپتىش قىلىدۇ:

(1) يېزا (بازار)، كەنت (گۇرۇپپا) كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتى ياكى كەنت ئاھالە كومىتېتى ۋە ئۇلارنىڭ بىلەن مۈلۈك تەۋەلىك مۇناسىۋىتى بولغان كارخانا - كەسپىي ئورۇنلار؛

(2) كەنت قالدۇرۇقى، يېزا يىغىمىسى ۋە يېزا مەجبۇرىيەت ئەمگىكى، جۇغلانما ئەمگىكىنى ئىشلىتىدىغان ئورۇن ۋە تارماقلار، دېھقانلار ئۈستىگە ئالىدىغان خىراجەت ۋە ئەمگەككە چېتىشلىق باشقا ئورۇن ۋە تارماقلار؛

(3) يېزا كوللېكتىپ مۈلكىنى ئىگىلىگەن، ئىشلەتكەن ئورۇن ۋە تارماقلار؛

(4) قانۇن بويىچە تەپتىش قىلىنىدىغان باشقا ئورۇن ۋە تارماقلار.

**10 - ماددا** يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىنى تەپتىش قىلىش مەزمۇنى:

(1) مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىش، مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە ئىجرا قىلىش ئەھۋالى؛

(2) بوغالتىرلىق ماتېرىياللىرىنىڭ مۇكەممەل، چىن، قېلىپلاشقان ۋە قانۇنلۇق بولغان - بولمىغانلىقى؛

(3) سۇلۇك باشقۇرۇش، ئىشلىتىش ۋە قەرزدارلىق پايدا - زىيان ئەھۋالى، باشقا ئالاقىدار ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر؛

(4) كەنت قالدۇرۇقى، يېزا يىغىمىسى ۋە دېھقانلار ئۈستىگە ئالىدىغان باشقا خىراجەت ھەم يېزا مەجبۇرىيەت ئەمگىكى، جۇغلانما ئەمگىكىنى ئېلىش، باشقۇرۇش، ئىشلىتىش ئەھۋالى؛

(5) كوللېكتىپ مۈلكنى ئىگىلىۋېلىش، ئىشلىتىۋېلىش، بۇزۇپ - چېچىش قىلمىشلىرى؛

(6) كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتلارغا دۆلەتتىن بۆيرۈپ بېرىلگەن، جەمئىيەتتىن ئىئانە قىلىنغان پۇل، ماددىي ئەشيانى باشقۇرۇش، ئىشلىتىش ئەھۋالى؛

(7) يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتى ۋە ئۇنى باشقۇرغۇچى ئورۇننىڭ ئاماسلىق مەسئۇلى ۋە مالىيە خادىملىرىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان مەزگىلدىكى ۋە ۋەزىپىدىن ئايرىلىش ۋاقتىدىكى ئىقتىسادىي جاۋابكارلىقى؛

(8) تەپتىش قىلىنىدىغان باشقا ئىشلار.

**11 - ماددا** يېزا ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى تۆۋەندىكى تەپتىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ:

(1) تەپتىش خىزمىتىنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ تەپتىش قىلىنغۇچى ئورۇندىن مالىيە خام چوتى، نەق چوتى مەلۇمات جەدۋەللىرى ۋە ئالاقىدار ھۆججەت، ماتېرىياللارنى ئەينەن يەتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش؛

(2) تەپتىش قىلىنغۇچى ئورۇننىڭ ئالاقىدار ھېساباتى، مۈلكىنى تەكشۈرۈش، ئالاقىدار ھۆججەت، ماتېرىياللىرىنى كۆرۈش؛

(3) تەپتىش ئىشلىرىغا دائىر ئەھۋاللارنى ئالاقىدار ئورۇن ۋە شەخسلەردىن ئىگىلەش، تەپتىش ئىسپات ماتېرىياللىرىنى يىغىش؛

(4) كوللېكتىپنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزۈۋاتقان، مالىيە - ئىقتىساد قانۇن - ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلىۋاتقان قىلمىشلارنى توسۇش؛

(5) تەپتىش قىلىنغۇچى ئورۇنلاردىن تەپتىش خىزمىتىگە توسقۇنلۇق قىلغان، دەخلى قىلغانلىرىغا ئالاقىدار ھېسابات دەپتەرلىرى، تالون - ئىسپاتلارنى قانۇن بويىچە پېچەتلەش قاتارلىق ۋاقىتلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش؛

(6) قانۇنغا خىلاپ قىلمىشنى بىر تەرەپ قىلىش پىكرى ۋە تەكلىپىنى بېرىش.

**12 - ماددا** تەپتىش قىلىنغۇچى ئورۇن ياكى شەخسلەر يېزا ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىنىڭ يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىنى تەپتىش قىلىش خىزمىتىگە ماسلىشىپ، ئالاقىدار ئەھۋال ۋە ماتېرىياللارنى ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بېرىشى كېرەك، رەت قىلىشقا، كېيىنگە سۈرەشكە ۋە يالغان مەلۇم قىلىشقا بولمايدۇ.

## 3 - باب تەپتىش تەرتىپى

**13 - ماددا** يېزا ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى تالاڭ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە يېزا ئىگىلىك مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، تەپتىش پىلانى تۈزىدۇ، تەپتىش خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى بېكىتىدۇ ھەمدە تەپتىش قىلىنىدىغان ئىشلارنى تەپتىش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ ئىشلەيدۇ.

**14 - ماددا** تەپتىش گۇرۇپپىسى تەپتىش ئۇقتۇرۇشىنى تەپتىش قىلىنغۇچى ئورۇنغا 3 كۈن بۇرۇن يەتكۈزۈشى لازىم.

تەپتىش قىلىنغۇچى ئورۇن تەپتىش گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمىتىگە ماسلىشىشى ھەمدە زۆرۈر خىزمەت شارائىتى يارىتىپ بېرىشى كېرەك.

**15 - ماددا** تەپتىش گۇرۇپپىسى دوكۇمېنت ۋە ھېسابات جەدۋەللىرىنى تەكشۈرۈش، تەپتىش قىلىنىدىغان ئىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھۆججەت - ماتېرىياللارنى كۆرۈش، نەق پۇل ۋە ماددىي بۇيۇملارنى تەكشۈرۈش، ئالاقىدار ئورۇن ۋە شەخسلەردىن ئەھۋال ئىگىلەش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق تەپتىش قىلىدۇ ھەمدە شۇ ماتېرىيالنى بەرگۈچىدىن ئىمزاسى قويۇلغان ياكى تامغىسى بېسىلغان ئىسپات ماتېرىياللىرىنى ئالىدۇ.

مۇپەتتىشلەر ئالاقىدار ئورۇن ۋە شەخسلەردىن ئەھۋال ئىگىلەشتە كىنىشكىسىنى ۋە تەپتىش ئۇقتۇرۇشىنىڭ قوشۇمچە نۇسخىسىنى كۆرسىتىشى كېرەك.

**16 - ماددا** تەپتىش گۇرۇپپىسى تەپتىش قىلىش داۋامىدا دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ۋە مالىيىنى دېموكراتىك باشقۇرۇش تەشكىلاتىنىڭ پىكرىنى ئاڭلىشى كېرەك.

**17 - ماددا** تەپتىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن تەپتىش دوكلاتىنى تەييارلاش كېرەك. مۇپەتتىشلەر گۇرۇپپىسى يېزا ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتىغا تەپتىش دوكلاتىنى يوللاشتىن بۇرۇن تەپتىش قىلىنغۇچى ئورۇننىڭ پىكرىنى ئېلىشى كېرەك. تەپتىش قىلىنغۇچى ئورۇن تەپتىش دوكلاتىنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ 10 كۈن ئىچىدە يازما پىكرىنى بېرىشى لازىم، سۈرۈك توشسىمۇ يازما پىكرىنى بەرمىسە باشقىچە پىكرى يوق دەپ قارىلىدۇ.

**18 - ماددا** يېزا ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش

ئاپپاراتى تەپتىش دوكلاتىنى بېكىتىشى، تەپتىش قىلىنغان ئىشلارنى باھالاپ، تەپتىش پىكرىنى بېرىشى؛ دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە خىلاپ ئىقتىسادىي قىلمىشلار ئۈستىدە تەپتىش يەكۈنى چىقىرىپ، بىر تەرەپ قىلىش پىكرى ۋە تەكلىپى بېرىشى كېرەك.

يېزا ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى تەپتىش دوكلاتىنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ 30 كۈن ئىچىدە تەپتىش پىكرىنى، تەپتىش يەكۈنىنى تەپتىش قىلىنغۇچى ئورۇن ۋە ئالاقىدار ئورۇنلارغا يەتكۈزۈشى كېرەك.

چوڭ - چوڭ ئىشلار ئۈستىدىكى تەپتىش يەكۈنىنى تەڭ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە يېزا ئىقتىسادىنى باشقۇرغۇچى بىر دەرىجە يۇقىرى ئاپپاراتقا ۋاقتىدا يوللاش لازىم.

**19 - ماددا** يېزا ئىگىلىك مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى يېزا ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى بېكىتكەن تەپتىش دوكلاتىغا ئاساسەن قانۇندا بەلگىلەنگەن خىزمەت ھوقۇقى دائىرىسىدە بىر تەرەپ قىلىش قارارى چىقىرىشى لازىم.

بىر تەرەپ قىلىش قارارى يەتكۈزۈلگەن كۈندىن باشلاپ كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

تەپتىش قىلىنغۇچى ئورۇن ۋە ئالاقىدار خادىملار بىر تەرەپ قىلىش قارارىغا قايىل بولمىسا، بىر تەرەپ قىلىش قارارىنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ 15 كۈن ئىچىدە بىر دەرىجە يۇقىرى يېزا ئىگىلىك مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىغا قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ. قايتا قاراپ چىقىش مەزگىلىدە ئەسلىدىكى بىر تەرەپ قىلىش قارارى ئىجرا قىلىنىۋېرىدۇ.

**20 - ماددا** يېزا ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى تەپتىش قىلىنغان ئىشلار ئۈستىدە ئارقىسىدىن تەكشۈرۈشى ۋە ئۇنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشى كېرەك.

## 4 - باب قانۇنىي جاۋابكارلىق

**21 - ماددا** تەپتىش قىلىنغۇچى ئورۇن ياكى شەخسلەر مۇشۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، تۆۋەندىكى قىلمىشلارنىڭ بىرىنى سادىر قىلسا، يېزا ئىگىلىك مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ئاگاھلاندۇرىدۇ، ئۇمۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەنقىدلەيدۇ، سۈرۈك ئىچىدە تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغان ئورۇنغا 2000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ، بىۋاسىتە جاۋابكارلارغا بىر - ئىككى ئايلىق مائاشىغا ياكى مائاش سوممىسىغا تەڭ جەرىمانە قويىدۇ. جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ:

(1) تەپتىش ئىشلىرىغا كېرەكلىك ماتېرىيال ۋە ئىسپات ماتېرىياللىرىنى بېرىشنى رەت قىلغانلار؛

(2) مۇپەتتىشلەرنىڭ تەپتىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىگە توسقۇنلۇق قىلىپ، ئازارەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈشكە قارشىلىق كۆرسەتكەنلەر؛

(3) ساختىپەزلىك قىلغان، ھەقىقىي ئەھۋالنى يوشۇرغانلار؛

(4) بۇغالتىرلىق مەلۇمات جەدۋىلى، دوكۇمېنت، ھېسابات دەپتىرى، مالىيە كىرىم - چىقىمغا ئالاقىدار باشقا ماتېرىياللارنى يۆتكىۋەتكەن، يوشۇرۇپ قويغان، ئۆزگەرتكەن ۋە يوقىتىۋەتكەنلەر؛

(5) مۇپەتتىشلەر ۋە پاش قىلغۇچىلاردىن ئۆچ ئالغانلار.

**22 - ماددا** تەپتىش قىلىنغۇچى ئورۇنلاردىن مالىيە كىرىم - چىقىم بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتىنىڭ مۈلكىنى ئىگىلىۋالغان، بۆلۈشۈۋالغان، بۇلاڭ - تالاڭ قىلغان، ئىشلىتىۋالغان، بۇزۇپ چاچقانلىرىغا ئالاقىدار قانۇن، نىزاملار بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

**23 - ماددا** تەپتىش قىلىنغۇچى ئورۇن ۋە ئالاقىدار خادىملار جازا قارارىغا قايىل بولمىسا، قانۇن بويىچە مەمۇرىي قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلسا ياكى خەلق سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلسا بولىدۇ. سۈرۈك توشقىچە قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلمىسا، دەۋا قىلمىسا، جازا قارارىنىمۇ ئىجرا قىلمىسا، جازا قارارى چىقارغان تارماق خەلق سوت مەھكىمىسىگە مەجبۇرىي ئىجرا قىلدۇرۇپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ.

**24 - ماددا** مۇپەتتىشلەردىن مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغان، خىزمەت ھوقۇقىدىن كەلسە - كەلمەس پايدىلانغان، نەپسانىيەتچىلىك قىلغان ياكى قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپ باشقا قىلمىشلارنى سادىر قىلغانلىرىغا ئىشلەيدىغان ئورنى ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل تارماق مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

**25 - ماددا** يېزا ئىگىلىك مەمۇرىي مەسئۇل تارماقلىرى قانۇن بويىچە جازا بېرىشتىن قىلغان كىرىمنى شۇ دەرىجىلىك مالىيىگە تاپشۇرىدۇ.

## 5 - باب قوشۇمچە پرىنسىپ

**26 - ماددا** بۇ نىزام 1999 - يىل 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئارخىپ قانۇنى»نى يولغا قويۇش چارىسى

(1999 - يىل 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 13 - يىغىنىدا ماقۇللاندى).

**1 - ماددا** بۇ چارە ئارخىپنى باشقۇرۇش ۋە توپلاش - رەتلەش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئارخىپنى ئۈنۈملۈك ئاسراپ ۋە ئۈنۈمدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا خىزمەت قىلىش مەقسىتىدە، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئارخىپ قانۇنى» ۋە ئالاقىدار قانۇن، نىزاملارغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى.

**2 - ماددا** ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەمۇرىي تەۋەسىدىكى دۆلەت ئورگانلىرى، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، كارخانا - كەسپىي ئورۇنلار، باشقا تەشكىلاتلار (تۆۋەندە ئورۇنلار دېيىلىدۇ) ۋە شەخسلەر بۇ چارىگە رىئايە قىلىشى لازىم.

**3 - ماددا** بۇ چارىدە ئېيتىلغان ئارخىپ بۇرۇنقى ۋە هازىرقى دۆلەت ئاپپاراتلىرى، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ۋە شەخسلەرنىڭ سىياسىي، هەربىي، ئىقتىسادىي، ئىلىم - پەن، تېخنىكا، مەدەنىيەت، مىللەت، دىن قاتارلىق پائالىيەتلىرىدە بىۋاسىتە شەكىللەنگەن، دۆلەت ۋە جەمئىيەت ئۈچۈن ساقلاش قىممىتىگە ئىگە هەر خىل يېزىق، جەدۋەل - ئىخبار، ئۈن - سىن قاتارلىق ئوخشاش بولمىغان شەكىلدىكى تارىخىي خاتىرىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

**4 - ماددا** هەر دەرىجىلىك خەلق هۆكۈمەتلىرى ئارخىپ خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئارخىپ ئىشلىرى قۇرۇلۇشىنى خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىغا كىرگۈزۈشى، ئارخىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئاساسەن هەر دەرىجىلىك ئارخىپ ئاپپاراتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى، ئارخىپ ئىشلىرى تەرەققىياتىغا كېتىدىغان خىراجەتكە كاپالەتلىك قىلىشى لازىم.

دۆلەت ئورگانلىرى، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار، باشقا تەشكىلاتلار ۋە شەخسلەرنىڭ ئارخىپنى ئاسراش مەجبۇرىيىتى بار.

**5 - ماددا** ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئارخىپ خىزمىتىدە بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىش، دەرىجە بويىچە باشقۇرۇش پرىنسىپى يولغا قويۇلىدۇ، ئارخىپنىڭ مۇكەممەللىكى ۋە بىخەتەرلىكى قوغدىلىدۇ، جەمئىيەتتىكى هەر قايسى تەرەپلەرنىڭ ئارخىپتىن پايدىلىنىشىغا ئوڭايلىق يارىتىپ بېرىلىدۇ.

**6 - ماددا** هەر دەرىجىلىك خەلق هۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى دۆلەتكە مۇھىم، قىممەتلىك ئارخىپ تەقدىم قىلغان ياكى ئارخىپ خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقان ئورۇن ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلەيدۇ ۋە مۇكاپاتلايدۇ.

**7 - ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق ئارخىپ مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئارخىپ خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئارخىپ خىزمىتىنى قانۇن بويىچە بىر تۇتاش پىلانلايدۇ، تەشكىللەپ ماسلاشتۇرىدۇ، نازارەتچىلىك ۋە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

ئوبلاستلىق (ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك)، ناھىيىلىك (شەھەرلىك، رايونلۇق) ئارخىپ مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ، ئورۇنلارنىڭ ئارخىپ خىزمىتىگە نازارەتچىلىك ۋە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

يېزىلىق، بازارلىق خەلق هۆكۈمەتلىرى ۋە شەھەرلەردىكى مەھەللە باشقارمىلىرى ئۆز تارمىقىنىڭ ئارخىپىنى باشقۇرۇشقا خادىم بەلگىلەيدۇ ھەمدە ئۆزىگە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ ۋە كەنت ئاھالە (شەھەر ئاھالە) كومىتېتلىرىنىڭ ئارخىپ خىزمىتىگە نازارەتچىلىك ۋە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

**8 - ماددا** ئورۇنلارنىڭ ئارخىپ ئاپپاراتى ياكى ئارخىپ خادىملىرى ئۆز ئورنىنىڭ ئارخىپىنى باشقۇرىدۇ ھەم ئۆزىگە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ ئارخىپ خىزمىتىنى تەكشۈرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

**9 - ماددا** ئۇنىۋېرسال ئارخىپخانا ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مەمۇرىي رايون بويىچە تەسىس قىلىنىدۇ، ئۇنى شۇ دەرىجىلىك خەلق هۆكۈمىتى تەستىقلايدۇ؛ مەخسۇس ئارخىپخانا تەسىس قىلىشنى شۇ دەرىجىلىك خەلق هۆكۈمىتى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە تەستىقلايدۇ ھەم بىر دەرىجە يۇقىرى ئارخىپ مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقىغا ئەنگە ئالدۇرىدۇ؛ تارماقلار ئارخىپخانىسى ئەمەلىي ئېھتىياجغا قاراپ تەسىس قىلىنىدۇ، ئۇنى شۇ دەرىجىلىك ئارخىپ مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى تەكشۈرۈپ، شۇ دەرىجىلىك خەلق هۆكۈمىتىگە تەستىقلىتىدۇ، كارخانا - كەسپىي ئورۇنلار

ئارخىپخانا تەسىس قىلسا، دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە تىزىملىتىپ، شۇ دەرىجىلىك ئارخىپ مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقىغا ئەنگە ئالدۇرىدۇ.

10 - ماددا ئۇنىۋېرسال ئارخىپخانا شۇ جايدىكى تۈرلۈك ئارخىپلارنى توپلايدۇ ۋە پۇختا ساقلايدۇ ھەم ئۇنى جەمئىيەتنىڭ پايدىلىنىشىغا بېرىدۇ؛ مەخسۇس ئارخىپخانا مەلۇم ساھە ياكى ئالاھىدە ۋاستىلىك ئارخىپلارنى توپلايدۇ ۋە ساقلايدۇ ھەم ئۇنى جەمئىيەتنىڭ پايدىلىنىشىغا بېرىدۇ؛ تارماقلار ئارخىپخانىسى شۇ تارماق ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ئورۇنلار شەكىللەندۈرگەن ئارخىپلارنى توپلايدۇ ۋە ئۇزاققىچە ساقلايدۇ ھەم ئۇنى مەلۇم دائىرىدە پايدىلىنىشقا بېرىدۇ؛ كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئارخىپخانىسى شۇ ئورۇن ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ئورۇنلار شەكىللەندۈرگەن ئارخىپلارنى توپلايدۇ ۋە ساقلايدۇ ھەم ئۇنى مەلۇم دائىرىدە پايدىلىنىشقا بېرىدۇ.

11 - ماددا ھەر دەرىجىلىك ھەرخىل ئارخىپخانىلار ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقىدىكى ئارخىپلارنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى، ئارخىپ باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئېھتىياجىغا لايىق كېلىدىغان ئاز سانلىق مىللەت خادىملىرىنى سەپلىشى لازىم.

12 - ماددا ئارخىپ خادىملىرى خىزمەتكە سادىق بولۇشى، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىشى، كەسپىي بىلىمگە ئىگە بولۇشى، ئارخىپ مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقىنىڭ قەرەللىك تەلىم - تەربىيىسىنى ئېلىشى لازىم.

13 - ماددا ئارخىپ بېكىتىش، باھالاش ۋە مەسلىھەت بېرىش قاتارلىق ۋاستىچىلىك مۇلازىمىتى قىلىدىغانلارنىڭ سالاھىيىتىنى بەلگىلىمە بويىچە بېكىتىش كېرەك.

14 - ماددا ئارخىپ ئىگىدارلىق ھوقۇقى شۇ ئارخىپنى شەكىللەندۈرگۈچى ئورۇننىڭ مۈلۈكچىلىك خاراكتېرىگە قاراپ بېكىتىلىدۇ. بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىغا چېتىلىدىغان ئارخىپنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار قانۇن، نىزاملىرىغا ئاساسەن بېكىتىلىدۇ.

دۆلەت ئىگىدارلىقىدا بولمىغان ئورۇنلارنىڭ دۆلەت مۈلكى بىلەن شەكىللەندۈرگەن ئارخىپى شۇ دەرىجىلىك ئارخىپ مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقىنىڭ بېكىتىشى بىلەن دۆلەت ئىگىدارلىقىدا بولىدۇ.

شەخسلەرنىڭ ۋەزىپە سىرتىدىكى پائالىيەتلەردە شەكىللەندۈرگەن ئارخىپى ياكى ۋارىسلىق قىلىش، ھەدىيە قوبۇل قىلىش قاتارلىق قانۇنلۇق يوللار بىلەن ئېرىشكەن ئارخىپى ئۆز ئىگىدارلىقىدا بولىدۇ.

15 - ماددا دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون ئارخىپلاشتۇرۇلىدۇ، دەپ بەلگىلىگەن ھۆججەت - ماتېرىياللارنى كاتىبات تارمىقى ياكى كەسپىي تارماق توپلاپ، رەتلەپ جىلد قىلىپ، شۇ ئورۇننىڭ ئارخىپ خىزمىتى ئاپپاراتى ياكى ئارخىپ خادىملىرىنىڭ يىغىپ باشقۇرۇشىغا قەرەللىك ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ ئارخىپلاشتۇرۇشنى رەت قىلىشىغا ياكى ئارخىپنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

شۇ جايدا ئورتاق قوللىنىلىدىغان بىر خىل ياكى بىر نەچچە خىل تىل - يېزىقتىكى ھۆججەتلەرنىڭ رەسمىي نۇسخىسى، بېكىتىلگەن ئورىگىنالى تەلەپ ئارخىپلاشتۇرۇلىدۇ.

دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون ئارخىپلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ، دەپ بەلگىلىگەن ماتېرىياللارنى ئۆز مەيلىچە ئارخىپلاشتۇرۇش مەنئى قىلىنىدۇ.

16 - ماددا ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىلىم - پەن، تېخنىكا، مەدەنىيەت، مىللەت، دىن قاتارلىق چوڭ - چوڭ پائالىيەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، دۆلەت ۋە جەمئىيەت ئۈچۈن ساقلاش قىممىتى بولغان ياكى مەخپىي ساقلىنىدىغان ئارخىپلارنى ئۆز ۋاقتىدا توپلاپ ساقلاش كېرەك.

17 - ماددا پەن - تېخنىكا تەتقىقات نەتىجىسى، سىناق مەھسۇلات، ئاساسىي قۇرۇلۇش ياكى باشقا تېخنىكا تۈرىنى باھالاش ۋە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا، دەسلەپكى ئارخىپ ماتېرىيالىنى ساقلاپ قويۇش ھەم ئارخىپلاشتۇرۇش لازىم.

ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى بېكىتكەن نۇقتىلىق قۇرۇلۇش ۋە مۇھىم پەن - تېخنىكا تەتقىقات تۈرىگە دائىر ئارخىپلارنى تەلەپ دەرىجىلىك ئارخىپ مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى ۋە ئالاقىدار كەسپىي مەسئۇل تارماق تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالىدۇ.

دۆلەت كارخانىلىرى ياكى دۆلەت پاي كونترول كارخانىلىرىدىن قوشۇۋېتىلگەن، ئۆتۈنۈپ بېرىلگەن، ئىجارىگە بېرىلگەن، سېتىۋېتىلگەن، ۋەيران بولغانلىرىنىڭ ئارخىپىنى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە بىر تەرەپ قىلىپ، ئارخىپنىڭ مۇكەممەللىكىگە، بىخەتەرلىكىگە ۋە ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشقا كاپالەتلىك قىلىش شەرت.

18 - ماددا ئورۇنلار ئارخىپنى تۆۋەندىكى بەلگىلىمە بويىچە ئالاقىدار ئارخىپخانىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشى لازىم:

(1) ئاپتونوم رايونلۇق ئۇنىۋېرسال ئارخىپخانىنىڭ توپلاش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەن ئارخىپلارنى شەكىللەنگەن

كۈندىن باشلاپ 20 يىل توشقاندا ئاپتونوم رايونلۇق ئۆلۈشۈرسال ئارخىپخانىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش لازىم؛

(2) ئوبلاستلىق (ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك)، ناھىيىلىك (شەھەرلىك، رايونلۇق) ئۇنىۋېرسال ئارخىپخانىنىڭ توپلاش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەن ئارخىپلارنى شەكىللەنگەن كۈندىن باشلاپ 10 يىل توشقاندا ئوبلاستلىق (ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك)، ناھىيىلىك (شەھەرلىك، رايونلۇق) ئۇنىۋېرسال ئارخىپخانىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش لازىم؛

(3) مەخسۇس ئارخىپخانىنىڭ توپلاش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەن ئارخىپلارنى شەكىللەنگەن كۈندىن باشلاپ بىر يىل توشقاندا مەخسۇس ئارخىپخانىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش لازىم. قانۇن، نىزاملاردا ئايرىم بەلگىلەنگەنلىرى بۇنىڭ سىرتىدا.

ئالاھىدە ئەھۋال تۈپەيلىدىن مۇددەتتىن بۇرۇن ياكى كېچىكتۈرۈپ ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە توغرا كەلسە، شۇ دەرىجىلىك ئارخىپ مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىش لازىم.

**19 ـ ماددا** ئارخىپخانىلار ۋە ئورۇنلارنىڭ ئارخىپ ئاپپاراتى ئارخىپ باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ساقلاش تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئەسلىھە ۋە ئەسلىھەلەرنى سېلىپ، ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە ئارخىپلارنى رەتلىشى ۋە ساقلىشى، مۇھىم، قىممەتلىك ئارخىپلارنى ئالاھىدە تەدبىر قوللىنىپ ئاسرىشى لازىم.

**20 ـ ماددا** ئورۇن ياكى شەخسنىڭ شارائىتى ناچار بولغانلىقتىن، خەۋپكە ياكى ئېغىر زىيانغا ئۇچراش ئېھتىمالى بولغان ئارخىپلار تۆۋەندىكى بەلگىلىمە بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

(1) ئارخىپخانىنىڭ توپلاش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەن ئارخىپلارنى ئارخىپ مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقىنىڭ تەستىقى بىلەن ئالاقىدار ئارخىپخانىلار مۇددەتتىن بۇرۇن ئۆتكۈزۈۋالىدۇ؛

(2) كوللېكتىپ ۋە شەخسلەر ئىگىدارلىقىدىكى ئارخىپلارنى ئارخىپ مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى بەلگىلىگەن ئارخىپخانا ۋاكالىتەن ساقلىسا بولىدۇ، زۆرۈر تېپىلغاندا ياكى ھەقلىق يىغىۋالسا بولىدۇ.

**21 ـ ماددا** ئارخىپنى ساقلاش مۇددىتى ئۆتۈپ كېتىپ كۆيدۈرۈشكە توغرا كەلسە، دۆلەت بەلگىلىگەن ئۆلچەم ۋە تەرتىپ بويىچە باھالاش ۋە بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ ئارخىپنى ئۆز مەيلىچە كۆيدۈرۈشكە يول قويۇلمايدۇ.

**22 ـ ماددا** دۆلەت ئىگىدارلىقىدىكى ئارخىپنى ھەدىيە قىلىشقا، ئالماشتۇرۇشقا، سېتىشقا بولمايدۇ. كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى ھەدىيە قىلىشقا، ئالماشتۇرۇشقا، سېتىشقا توغرا كەلسە، دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە بولىدۇ.

**23 ـ ماددا** كوللېكتىپ ۋە شەخسلەر ئىگىدارلىقىدىكى، دۆلەت ۋە جەمئىيەت ئۈچۈن ساقلاش قىممىتىگە ئىگە ياكى مەخپىي ساقلىنىدىغان ئارخىپلارنى ئارخىپ ئىگىدارلىرى دۆلەت ئارخىپخانىسىغا تەقدىم قىلسا، ساقلاشقا بەرسە ياكى سېتىپ بەرسە بولىدۇ. ئارخىپنى دۆلەت ئارخىپخانىسىدىن باشقا ئورۇن ياكى شەخسلەرگە تەقدىم قىلىش، ئۇلار بىلەن ئالماشتۇرۇش ۋە ئۇلارغا سېتىپ بېرىش ئىشى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە بولىدۇ.

**24 ـ ماددا** دۆلەت ياكى كوللېكتىپ، شەخسلەر ئىگىدارلىقىدىكى ئەمما دۆلەت ۋە جەمئىيەت ئۈچۈن ساقلاش قىممىتى بولغان ياكى مەخپىي ساقلىنىدىغان ئارخىپلارنى ۋە ئۇنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى چېگرا سىرتىغا ئېلىپ چىقىش، توشۇش، پوچتىدىن ئەۋەتىشكە توغرا كەلسە، ئاپتونوم رايونلۇق ئارخىپ مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقىنىڭ تەستىقىنى ئېلىش شەرت.

**25 ـ ماددا** ئۇنىۋېرسال ئارخىپخانا ۋە مەخسۇس ئارخىپخانىلار ئارخىپلارنى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە جەمئىيەتكە ئاشكارىلىشى، ئاشكارىلايدىغان ئارخىپلارنىڭ كاتالوگىنى قەرەللىك ئېلان قىلىپ تۇرۇشى ھەم ئارخىپتىن پايدىلىنىش ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاپ، رەسمىيەتلەرنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، ئاسانلىق يارىتىپ بېرىشى لازىم.

ئارخىپخانىلار ساقلاشقا بېرىلگەن ئارخىپلارنى جەمئىيەتنىڭ پايدىلىنىشىغا بېرىشتە، ساقلاشقا بەرگۈچىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىشى كېرەك.

**26 ـ ماددا** ئورۇن ۋە شەخسلەر ئاشكارىلانغان ئارخىپلاردىن پايدىلىنىشتا قانۇنلۇق ئىسپاتنى كۆرسىتىشى لازىم؛ ئاشكارىلانمىغان ئارخىپلار ۋە باشقا ئورۇنلار ساقلاۋاتقان ئارخىپلاردىن پايدىلىنىشتا دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسىگە رىئايە قىلىش شەرت.

ئارخىپتىن پايدىلانغاندا، ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ ئارخىپنى ئۆزگەرتىشى، ياسىۋېلىشى، بۇزۇۋېتىشى ۋە يىتتۈرۈپ قويۇشىغا يول قويۇلمايدۇ. ئاشكارىلانمىغان ئارخىپتىن پايدىلانغاندا ئارخىپ مەزمۇنىنى ئۆز مەيلىچە كۆچۈرۈۋېلىش، كۆپەيتىۋېلىش ياكى ئاشكارىلاپ قويۇشقا يول قويۇلمايدۇ.

**27 ـ ماددا** ئارخىپخانىلار مۇھىم، قىممەتلىك

ئارخىپلارنى پايدىلىنىشقا بېرىشتە ئەسلىي نۇسخىسىنىڭ ئورنىغا كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى بېرىشى كېرەك.

ئارخىپ ساقلاش ئورنىنىڭ تامغىسى بېسىلغان ئارخىپنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسى ئەسلى نۇسخىسى بىلەن ئوخشاش كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

**28 - ماددا** ئارخىپخانىلار ئارخىپنى پايدىلىنىشقا بەرگەندە ۋە مەسلىھەتچىلىك قىلغاندا، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە ھەق ئالىدۇ.

ئورۇنلار ۋە شەخسلەر ئۆزى ئۆتكۈزۈپ بەرگەن، تەقدىم قىلغان، ساقلاشقا بەرگەن ئارخىپلاردىن پايدىلانسا، ئارخىپخانىلار ھەق ئالماسلىقى كېرەك.

**29 - ماددا** دۆلەت ئىگىدارلىقىدىكى ئارخىپلاردىن ئارخىپخانىدا ساقلىنىۋاتقانلىرىنى ئارخىپخانا ئېلان قىلىدۇ؛ ئورۇنلارنىڭ ئارخىپ ئاپپاراتىدا ساقلىنىۋاتقانلىرى شۇ ئورۇن ياكى ئۇنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل تارمىقى تەستىقلىغاندىن كېيىن ئېلان قىلىنىدۇ.

كوللېكتىپ ۋە شەخسلەر ئىگىدارلىقىدىكى ئارخىپلارنى ئارخىپ ئىگىلىرى ئېلان قىلىشقا ھوقۇقلۇق، لېكىن دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسىگە رىئايە قىلىشى شەرت، دۆلەتنىڭ خەۋپسىزلىكى ۋە مەنپەئىتىگە زىيان سېلىشقا، باشقىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىگە دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈشكە يول قويۇلمايدۇ.

ساقلاشقا بېرىلگەن ئارخىپلارنى ئېلان قىلىشتا ساقلاشقا بەرگۈچىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىش شەرت.

ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ ئارخىپنى ئۆز مەيلىچە ئېلان قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

**30 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك ھەر خىل ئارخىپخانىلار ئارخىپلارنى تەتقىق قىلىپ رەتلەشنى كۈچەيتىپ، ئارخىپ تارىخىي ماتېرىياللىرىنى تەھرىرلەپ نەشر قىلىپ، ئارخىپنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك.

ئارخىپ تەتقىقاتچىلىرىنى، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت ئارخىپ تەتقىقاتچىلىرىنى تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش لازىم.

**31 - ماددا** بۇ چارىنىڭ 21 -، 25 -، 26 -، 29 - ماددىلىرىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، دۆلەت ئىگىدارلىقىدىكى ئارخىپنى ئۆز مەيلىچە كۆيدۈرۈۋەتكەن، پايدىلىنىشقا بەرگەن، كۆچۈرۈۋالغان، ئېلان قىلغان، دۆلەت ئىگىدارلىقىدىكى ئارخىپنى بۇزۇۋەتكەن، يىتتۈرۈپ قويغان، ئارخىپنى ئۆزگەرتكەن، ياسىۋالغانلارغا ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئارخىپ مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ، شۇ ئورۇنغا قوشۇمچە 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 50 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن، شەخسكە قوشۇمچە 500 يۈەندىن يۇقىرى، 3000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويسا بولىدۇ؛ زىيان پەيدا قىلغانلىرى زىياننى تۆلەشكە بۇيرۇلىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرىنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

**32 - ماددا** بۇ چارىنىڭ 22 -، 23 - ماددىلىرىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئارخىپنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى ئۆز مەيلىچە تەقدىم قىلغان، ئالماشتۇرغان، ساتقان، ئارخىپنى ئۆز مەيلىچە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن، ھايىنىغا ساتقان ياكى چەت ئەللىككە ساتقان، تەقدىم قىلغانلارغا ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئارخىپ مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ، ئورۇنغا قوشۇمچە 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 50 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن، شەخسكە قوشۇمچە 500 يۈەندىن يۇقىرى، 3000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويسا بولىدۇ؛ قانۇنغا خىلاپ تاپاۋەتنى بارلىرىنىڭ قانۇنغا خىلاپ تاپاۋەتتى مۇسادىرە قىلىنىدۇ؛ سېتىۋېتىلگەن ياكى تەقدىم قىلىنغان ئارخىپ قانۇن بويىچە ھەقلىق يىغىۋېلىنسا بولىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرىنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

**33 - ماددا** قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ئارخىپ مەمۇرىي خادىملىرىدىن خىزمەتتە بىپەرۋالىق قىلغان، نەپسانىيەتچىلىك قىلغانلىرىغا ئىشلەيدىغان ئورنى ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل تارماق مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرىنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

**34 - ماددا** بۇ چارىگە خىلاپ باشقا قىلمىشلارنى سادىر قىلغانلارنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئارخىپ مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى چەكلىك مۇددەتتە تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولسا، مەسئۇل تارماق بىۋاسىتە جاۋابكار مەسئۇل خادىمغا ياكى بىۋاسىتە جاۋابكارلارغا مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ.

**35 - ماددا** بۇ چارە 2000 - يىل 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تۇزچىلىقنى باشقۇرۇش نىزامى

(1999 - يىل 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر

ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 13 - يىغىنىدا ماقۇللانغان).

## 1 - باب ئومۇمىي پرىنسىپ

**1 - ماددا** بۇ نىزام تۇزچىلىقنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، تۇز بايلىقىنى ئاسراش ۋە مۇۋاپىق ئېچىش، ئاش تۇزى مەخسۇس تىجارىتى ۋە ئاش تۇزىغا يود قوشۇش خىزمىتىگە كاپالەتلىك قىلىش، پۇقرالارنىڭ تەن ساغلاملىقىنى قوغداش مەقسىتىدە، دۆلەتنىڭ ئالاقىدار قانۇن، نىزاملىرىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى.

**2 - ماددا** ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەمۇرىي تەۋەسىدە تۇز بايلىقىنى ئېچىش ۋە تۇز مەھسۇلاتىنى ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاش، توشۇش، سېتىۋېلىش - سېتىش ھەم تۇزچىلىقنى باشقۇرۇشتا مۇشۇ نىزامغا رىئايە قىلىش شەرت.

**3 - ماددا** بۇ نىزامدا ئېيتىلغان تۇز مەھسۇلاتى (جۈملىدىن قاتتىق تۇز، سۇيۇق تۇز) ئاش تۇزى، كۆيدۈرگۈچى ئىشقار ۋە ساپ شۈلتا سانائەتتە تۇزى ھەم باشقا تۇزلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئاش تۇزى بىۋاسىتە ئىستېمال قىلىنىدىغان ۋە يېمەكلىك ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تۇزنى كۆرسىتىدۇ.

كۆيدۈرگۈچى ئىشقار ۋە ساپ شۈلتا سانائەتتە تۇزى كۆيدۈرگۈچى ئىشقار ۋە ساپ شۈلتا ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان خام ئەشيا تۇزنى كۆرسىتىدۇ.

باشقا تۇزلار كۆيدۈرگۈچى ئىشقار ۋە ساپ شۈلتا سانائەتتە تۇزىدىن باشقا تۇزنى يەنى كۆنچىلىك، سوپۇنچىلىق، دورىگەرلىك، بوياقچىلىق، بىناكارلىق، ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش قاتارلىق ئىشلاردا ئىشلىتىلىدىغان تۇزلارنى كۆرسىتىدۇ.

**4 - ماددا** ئاش تۇزى مەخسۇس تىجارەت قىلىنىدۇ. ئىشلەپچىقىرىلىدىغان، سېتىلىدىغان ئاش تۇزىغا يود قوشۇش شەرت.

ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئاش تۇزىغا يود قوشۇش خىزمىتىنى شۇ جاينىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىغا كىرگۈزۈشى، ئاش تۇزىغا يود قوشۇش ھەققىدىكى تەشۋىقات - تەربىيىنى تەدبىر قوللىنىپ كۈچەيتىشى، ئاش تۇزىغا يود قوشۇش خىزمىتىنى يولغا قويۇشقا مەسئۇل بولۇشى كېرەك.

**5 - ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ھوقۇق بەرگەن تۇزچىلىق مەسئۇل ئاپپاراتى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۇزچىلىقنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە ۋە مۇشۇ نىزامنى يولغا قويۇشقا مەسئۇل بولىدۇ. ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى تۇزچىلىق مەسئۇل ئاپپاراتى ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ تۇزچىلىقنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق ئاش تۇزى مەخسۇس تىجارىتى ئاپپاراتى ئاش تۇزى ۋە باشقا تۇزنى ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش پىلانىنى يولغا قويۇشقا كونكرېت مەسئۇل بولىدۇ.

مەھەللە مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى يودلۇق تۇزنىڭ تازىلىقىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش خىزمىتىگە، كەم يودلۇق زىيىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىشكە مەسئۇل بولىدۇ.

**6 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەت مەمۇرىيىتى، سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى، كېمە قىبزىلىما، قاتناش، باھا قاتارلىق مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى ئىش تەقسىماتى بويىچە تۇزچىلىق مەسئۇل ئاپپاراتىغا ماسلىشىپ، تۇزچىلىقنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيدۇ.

## 2 - باب ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش

**7 - ماددا** تۇز بايلىقى (جۈملىدىن تاشتۇز، كۆل تۇزى، ساي تۇزى، تەبىئىي گالوگېنلىق سۇ قاتارلىقلار) نى ئېچىشتا، تۇزچىلىق كارخانىسى قۇرۇشتا ئاپتونوم رايونلۇق تۇزچىلىق مەسئۇل ئاپپاراتىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ، دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىسى بويىچە تەستىقلىتىش رەسمىيىتىنى بېجىرىش كېرەك.

**8 - ماددا** ئاش تۇزىنى نۇقتىلىق بەلگىلەپ ئىشلەپچىقىرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ، ئاش تۇزى ئىشلەپچىقىرىش نۇقتىسى قىلىنمىغان كارخانىنىڭ ئاش تۇزى ئىشلەپچىقىرىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

ئاش تۇزى ئىشلەپچىقىرىش نۇقتىسى قىلىنغان كارخانىنى ئاپتونوم رايونلۇق تۇزچىلىق مەسئۇل ئاپپاراتى كۆرسىتىدۇ، ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىدىن سەھىيە ئىجازەتنامىسى ئالغاندىن كېيىن، گوۋۇيۈەننىڭ تۇزچىلىق مەسئۇل ئاپپاراتىغا تەستىقلىتىدۇ.

**9 - ماددا** ئاش تۇزى ئىشلەپچىقىرىشنى ئاپتونوم رايونلۇق ئاش تۇزى مەخسۇس تىجارىتى ئاپپاراتى دۆلەت پىلانى بويىچە تەشكىللەيدۇ. باشقا تۇز ئىشلەپچىقىرىشنى ئاپتونوم رايونلۇق ئاش تۇزى مەخسۇس تىجارىتى ئاپپاراتى بازار ئېھتىياجىغا ئاساسەن تەشكىللەيدۇ.

**10 ـ ماددا** تۇز مەھسۇلاتىنى ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاش كارخانىلىرى سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىش شەرتىنى ھازىرلىغان بولۇشى، ئىشلەپچىقىرىشتا سۈپەت ئۆلچىمىگە قاتتىق ئەمەل قىلىشى كېرەك.

ئاش تۇزى تەركىبىدىكى يود مىقدارى بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن كەلمىسە، زاۋۇتتىن چىقىرىشقا يول قويۇلمايدۇ.

**11 ـ ماددا** ئاش تۇزى خالتىسىغا نامى، ساپ مىقدارى، زاۋۇت نامى، ۋاقتى، تەستىق نومۇرى، ئۆلچەم ۋاكالەت نومۇرى، يود مىقدارى قاتارلىق مەزمۇنلار يېزىلىشى، يودلۇق تۇزچىلىق بەلگىسى چاپلىنىشى ھەم ئاش تۇزى ئىشلەپچىقىرىش نۇقتىسى قىلىنغان كارخانىنىڭ كۇۋاھنامىسى ۋە ئاش تۇزى تارقىلىق ئىجازەتنامىسىنىڭ نومۇرى يېزىلىشى، سۈپەت تەكشۈرگەنلىك لاياقەتنامىسى بولۇشى كېرەك.

**12 ـ ماددا** كۆپ خىل ئاش تۇزى ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاشتا دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون بەلگىلىگەن ئىجازەت شەرتى ھازىرلانغان بولۇشى كېرەك.

ئاش تۇزىغا قوشۇۋېتىلگۈچ ياكى دورا قوشۇش توغرا كەلسە، ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ۋە تۇزچىلىق مەسئۇل ئاپپاراتىغا تەستىقلىتىش كېرەك، ئۇ يېمەكلىك تازىلىقى ۋە مەھسۇلات سۈپەت ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كېلىشى ھەم دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ شۇ تۇزنى ئىشلىتىشكە ۋە مىقدار ئۆلچىمىگە ئالاقىدار بەلگىلىمىگە قاتتىق ئەمەل قىلىش كېرەك.

**13 ـ ماددا** تۇزلۇق توپا، نىتراتلىق توپا، سانائەت داشقىلى ۋە كېرەكسىز سۈيۈقلۇقتىن ئاش تۇزى ئىشلەش مەنئى قىلىنىدۇ.

سانائەت كارخانىلىرىنىڭ بايلىقتىن ھەر تەرەپلىمە پايدىلىنىپ تۇز ئىشلىشى دۆلەتنىڭ سۈپەت ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن بولۇشى ھەم ئاپتونوم رايونلۇق تۇزچىلىق مەسئۇل ئاپپاراتىغا تەستىقلىتىلىپ، تۇزچىلىقنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلۈشى شەرت.

## 3 ـ باب توشۇش ـ سېتىشنى باشقۇرۇش

**14 ـ ماددا** ئاش تۇزىنى ئاپتونوم رايونلۇق ئاش تۇزى مەخسۇس تىجارىتى ئاپپاراتى دۆلەت پىلانىغا ئاساسەن تەقسىم قىلىدۇ ۋە يۆتكەيدۇ، شۇ جايدىكى ئاش تۇزى مەخسۇس تىجارىتى ئاپپاراتى بىر تۇتاش تەمىنلەيدۇ.

باشقا تۇزنى ئاپتونوم رايونلۇق تۇزچىلىق مەسئۇل ئاپپاراتى بىر تۇتاش باشقۇرىدۇ، ئاش تۇزى مەخسۇس تىجارىتى ئاپپاراتى بىر تۇتاش تەمىنلەيدۇ.

كۆپەيدۈرگۈچى ئىشقار ۋە ساپ شۇلتا سانائەتتى تۇزنى توشۇش ـ سېتىشنى باشقۇرۇش دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە بولىدۇ.

**15 ـ ماددا** ئاش تۇزىنى توپ ۋە پارچە سېتىشتا ئىجازەتنامە تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ. ئاش تۇزىنى توپ ۋە پارچە سېتىش ئىجازەتنامىسى ئالمىغانلارنىڭ ئاش تۇزىنى توپ ۋە پارچە سېتىش تىجارىتى قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

ئاش تۇزىنى توپ سېتىش ئىجازەتنامىسىنى ئاپتونوم رايونلۇق تۇزچىلىق مەسئۇل ئاپپاراتى تەكشۈرىدۇ ۋە تارقىتىدۇ، گوۋۇيۈەننىڭ تۇزچىلىق مەسئۇل ئاپپاراتىغا ئەنگە ئالدۇرىدۇ. ئاش تۇزىنى پارچە سېتىش ئىجازەتنامىسىنى ئاپتونوم رايونلۇق تۇزچىلىق مەسئۇل ئاپپاراتى بىر تۇتاش ياسايدۇ ۋە باشقۇرىدۇ، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى تۇزچىلىق مەسئۇل ئاپپاراتى تارقىتىدۇ.

ئاش تۇزىنى توپ سېتىش ئىجازەتنامىسىنى يىللىق تەكشۈرۈش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ، يىللىق تەكشۈرۈشتە ھەق ئېلىشقا بولمايدۇ.

**16 ـ ماددا** ئاش تۇزىنى توپ سېتىش ئىجازەتنامىسى ئالغان كارخانىلار ئىجازەتنامىگە ئاساسەن، شۇ جايدىكى سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقىغا تىزىملىتىپ، تىجارەت كىنىشكىسى ئالىدۇ.

**17 ـ ماددا** ئاش تۇزىنى توپ ساتىدىغان كارخانىلار تۇز مەھسۇلاتىنى ئىجازەتنامىدە بەلگىلەنگەن دائىرىدە سېتىۋېلىشى ۋە سېتىشى لازىم.

ئاش تۇزىنى پارچە ساتىدىغان، يېمەكلىككە ئىشلىتىدىغان ۋە باشقا تۇزنى ئىشلىتىدىغان ئورۇن ۋە شەخسلەر تۇز مەھسۇلاتىنى شۇ جايدىكى ئاش تۇزىنى توپ سېتىش ئىجازەتنامىسى ئالغان كارخانىدىن سېتىۋېلىشى لازىم. ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى تۇزچىلىق مەسئۇل ئاپپاراتىغا تەستىقلىتىپ، ئاش تۇزىنى توپ سېتىش ئىجازەتنامىسى ئالغان يېقىنراق جايدىكى كارخانىدىن سېتىۋالسىمۇ بولىدۇ.

**18 ـ ماددا** توپ ۋە پارچە سېتىلىدىغان ئاش تۇزى لاياقەتلىك يودلۇق تۇز بولۇشى شەرت. پارچە سېتىلىدىغان ئاش تۇزى خالتىلىق بولۇشى شەرت. ئاش تۇزىنى پارچە ساتىدىغان ئورۇننىڭ يودسىز تۇز، خالتىسىز يودلۇق تۇز، ئۆلچەمسىز يودلۇق تۇز ۋە يودلۇق تۇز چىنلىق بەلگىسى يوق ئاش تۇزىنى سېتىشى قاتتىق مەنئى قىلىنىدۇ.

ئاش تۇزى خالتىسى ۋە يودلۇق تۇز چىنلىق بەلگىسىنى ئاپتونوم رايونلۇق ئاش تۇزى مەخسۇس تىجارىتى ئاپپاراتى بىر تۇتاش ياساتقۇزىدۇ، ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ ئۆز

مەيلىچە ياسىشقا، سېتىۋېلىشقا ۋە سېتىشقا يول قويۇلمايدۇ.

**19 ـ ماددا** سانائەت تۇزى ۋە ئىستېمال قىلىنمايدىغان باشقا تۇز مەھسۇلاتىنى ئاش تۇزى ئورنىدا سېتىش مەنئى قىلىنىدۇ. تۇز ئىشلەتكۈچى ئورۇننىڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ پىششىقلاش كەسپىدە ئىشلىتىلىدىغان تۇزنى ئۆز مەيلىچە سېتىۋېتىشىگە يول قويۇلمايدۇ.

**20 ـ ماددا** ئاش تۇزىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان، توپ ساتىدىغان، پارچە ساتىدىغان كارخانا ۋە شەخسلەر دۆلەتنىڭ ئاش تۇزى باھاسىغا دائىر بەلگىلىمىسىنى قاتتىق ئىجرا قىلىشى لازىم.

**21 ـ ماددا** ئاش تۇزىنى توشۇتىدىغان، ئۆزى توشۇيدىغان ۋە توشۇيدىغان ئورۇن ۋە شەخسلەردە ئاپتونوم رايونلۇق تۇزچىلىق مەسئۇل ئاپپاراتى تارقاتقان ئاش تۇزى توشۇش ئىجازەتنامىسى بولۇشى لازىم.

## 4 ـ باب نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش

**22 ـ ماددا** تۇزچىلىق مەسئۇل ئاپپاراتى تۇز مەھسۇلاتىغا چېتىلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش ـ تىجارەت سورۇنلىرى ۋە توشۇلىدىغان تۇز مەھسۇلاتىنى تەكشۈرسە، تۇز مەھسۇلاتىنى قانۇنغا خىلاپ ھالدا ئىشلەپچىقىرىش، توشۇش ـ سېتىش قىلمىشلىرىغا ئالاقىدار توختام، تالون، مال تالونى، ھېسابات دەپتىرى، ھۆججەت قاتارلىق ماتېرىياللارنى كۆرسە، كۆپەيتۋالسا بولىدۇ.

ئالاقىدارلار ياكى ئالاقىدار خادىملار سوئالغا ئەينەن جاۋاب بېرىشى ھەمدە تەكشۈرۈشكە ھەمكارلىشىشى لازىم.

**23 ـ ماددا** ئاش تۇزىنى توپ ساتىدىغان كارخانىلار زاپاس ساقلاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، مۇۋاپىق زاپاس ساقلاپ، تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىشى لازىم، ئۈزۈكتۈرۈپ قويۇشقا يول قويۇلمايدۇ.

تۇز كارخانىلىرى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ پىلانى بويىچە ئىشلەپچىقارغان ئاش تۇزىنى ئاش تۇزى ئىشلەپچىقىرىش رايونىدىكى مەخسۇس تىجارەت ئاپپاراتى سېتىۋېلىشى ياكى سېتىشنى تەشكىللىشى لازىم.

**24 ـ ماددا** تۇزچىلىق مەسئۇل ئاپپاراتى ئالاقىدارلارنىڭ ئاش تۇزىنى توپ ۋە پارچە سېتىش ئىجازەتنامىسى ئېلىش ئىلتىماسىنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ 10 كۈن ئىچىدە تەكشۈرۈپ، ئىجازەت قىلىش ياكى قىلماسلىق توغرىسىدا قارار چىقىرىشى، ئىجازەت قىلمىغانلارغا سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈشى لازىم.



**25 ـ ماددا** تۇزچىلىق مەسئۇل ئاپپاراتى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشتا، ئاشكارا ۋە ئادىل بولۇشى، تۇزچىلىق قانۇن ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى شەرت.

تۇزچىلىق قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلار قانۇن ـ ئىنتىزامغا رىئايە قىلىشى، خىزمىتىگە سادىق بولۇشى، قانۇن بويىچە ئىش قىلىشى لازىم. ۋەزىپە ئىجرا قىلىشتا 2 دىن ئارتۇق ئادەم قاتنىشىشى، قانۇن ئىجرا قىلىش بىر تۇتاش بەلگىسى تاقىشى، مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش كىنىشكىسىنى كۆرسىتىشى، قانۇن ئىجرا قىلىشتا بەلگىلەنگەن تەرتىپكە قاتتىق ئەمەل قىلىشى لازىم.

**26 ـ ماددا** تۇزچىلىق مەسئۇل ئاپپاراتى مۇشۇ نىزامغا خىلاپ قىلمىشلارنى پاش قىلىش ۋە توسۇشتا تۆھپىسى بار ئورۇن ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلەيدۇ ۋە مۇكاپاتلايدۇ.

## 5 ـ باب قانۇنىي جاۋابكارلىق

**27 ـ ماددا** تۇزچىلىق مەسئۇل ئاپپاراتى بۇ نىزامنىڭ 7 ـ، 8 ـ، 15 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغانلارنى قانۇنغا خىلاپ قىلمىشنى توختىتىشقا بۇيرۇيدۇ، قانۇنغا خىلاپ ئىشلەپچىقارغان تۇز مەھسۇلاتى ۋە قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنى مۇسادىرە قىلىدۇ، قوشۇمچە قانۇنغا خىلاپ ئىشلەپچىقارغان، ساتقان تۇز مەھسۇلاتى قىممىتىنىڭ 2 — 3 ھەسسىگىچە جەرىمانە قويسا بولىدۇ.

**28 ـ ماددا** بۇ نىزامنىڭ 10 ـ، 11 ـ ماددىسىدىكى، 18 ـ ماددىسىنىڭ 1 ـ تارمىقىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىنسا، تۇزچىلىق مەسئۇل ئاپپاراتى ۋە سەھىيە، سۇيەت ـ تېخنىكا نازارەتچىلىكى، سودا ـ سانائەت مەمۇرىيىتى قاتارلىق مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى مەسئۇلىيىتى ۋە ھوقۇق دائىرىسى بويىچە، ئۇلارنىڭ قانۇنغا خىلاپ ئىشلەپچىقارغان، ساتقان تۇز مەھسۇلاتى ۋە قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنى مۇسادىرە قىلىدۇ، ئۇلارنى چەكلىك مۇددەتتە تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ، سۈرۈك ئۆتسىمۇ تۈزەتمىگەنلىرىگە ياكى قىلمىشى ئېغىرلىرىغا قانۇنغا خىلاپ ئىشلەپچىقارغان، ساتقان تۇز مەھسۇلاتى قىممىتىنىڭ 1 — 3 ھەسسىگىچە جەرىمانە قويسا بولىدۇ.

**29 ـ ماددا** تۇزچىلىق مەسئۇل ئاپپاراتى بۇ نىزامنىڭ 13 ـ، 19 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغانلارنى ئىشلەپچىقىرىش، سېتىشنى توختىتىشقا بۇيرۇيدۇ، ئۇلارنىڭ قانۇنغا خىلاپ ئىشلەپچىقارغان تۇز مەھسۇلاتى ۋە قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنى مۇسادىرە قىلىدۇ. ئۇلارغا قوشۇمچە

قانۇنغا خىلاپ ئىشلەپچىقارغان، ساتقان تۇز مەھسۇلاتى قىممىتىنىڭ 1 — 3 ھەسسىسىگىچە جەرىمانە قويىلا بولىدۇ.

**30 - ماددا** تۇزچىلىق مەسئۇل ئاپپاراتى بۇ نىزامنىڭ 17 -، 21 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغانلارنى تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ، ئۇلارنىڭ قانۇنغا خىلاپ ئاپاۋىتىنى ۋە قانۇنغا خىلاپ توشۇغان، ساتقان ئاش تۇزىنى مۇسادىرە قىلىدۇ، ئۇلارغا قوشۇمچە قانۇنغا خىلاپ توشۇغان، ساتقان ئاش تۇزى قىممىتىنىڭ 2 — 3 ھەسسىسىگىچە جەرىمانە قويىلا بولىدۇ.

**31 - ماددا** تۇزچىلىق مەسئۇل ئاپپاراتى بۇ نىزامنىڭ 18 - ماددىسىنىڭ 2 - تارمىقىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغانلارنىڭ قانۇنسىز ياسىغان، سېتىۋالغان ۋە ساتقان خالتىسى ۋە يودلۇق تۇز چىنلىق بەلگىسىنى مۇسادىرە قىلىدۇ، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرىدۇ، تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ، تۈزەتمىگەنلىرىگە قوشۇمچە 30 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويىلا بولىدۇ.

**32 - ماددا** بۇ نىزامغا خىلاپ قىلمىشلارنى مەھىيە، سودا - سانائەت مەمۇرىيىتى، سۇپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى، گىيتوقېزىلما، قاتناش، باھا قاتارلىق مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى قانۇن بويىچە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق بولسا، خىزمەت ھوقۇقى بويىچە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىدۇ، لېكىن قانۇنغا خىلاپ بىر قىلمىشقا تەكرار جازا بېرىشكە بولمايدۇ، مۇسادىرە قىلىنغان تۇز مەھسۇلاتى شۇ جايدىكى ئاش تۇزىنى توپ سېتىش كارخانىسىغا سېتىپ بېرىلىدۇ.

**33 - ماددا** ئالاقىدارلار تۇزچىلىق مەسئۇل ئاپپاراتى چىقارغان مەمۇرىي جازا قارارىغا قايىل بولمىسا، قانۇن بويىچە قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلسا ياكى دەۋا قىلسا بولىدۇ. سورۇك ئۆتسىمۇ قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلمىسا، دەۋا قىلمىسا، مەمۇرىي جازا قارارىنىمۇ ئىجرا قىلمىسا، تۇزچىلىق مەسئۇل ئاپپاراتى خەلق سوت مەھكىمىسىگە مەجبۇرىي ئىجرا قىلدۇرۇپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ.

**34 - ماددا** تۇزچىلىق مەسئۇل ئاپپاراتىنىڭ قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلىرىنىڭ قانۇن بويىچە ۋەزىپە ئىجرا قىلىشىنى رەت قىلغان ۋە ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلغانلارنى ج خ ئورگىنى «ئامانلىق ساقلاش بويىچە باشقۇرۇش - جازالاش نىزامى»غا ئاساسەن جازالايدۇ.

**35 - ماددا** تۇزچىلىق مەسئۇل ئاپپاراتى ۋە ئۇنىڭ خادىملىرى بۇ نىزامدا كۆرسىتىلگەن تۆۋەندىكى قىلمىشلارنىڭ بىرىنى سادىر قىلسا، تۇزچىلىق مەسئۇل ئاپپاراتى ياكى ئۇنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل تارمىقى مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ، زىيان پەيدا قىلغانلار قانۇن بويىچە تۆلەيدۇ:

(1) بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا ھەق ئېلىش، كەلسە - كەلمەس جازالاش؛

(2) قانۇن بويىچە تەستىقلاپ بېرىش زۆرۈر بولسىمۇ قەستەن ئارقىغا سۈرەش، قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇش، تەستىقلاپ بەرمەسلىك؛

(3) ئېغىر مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ، ئالاقىدارلارنىڭ مال - مۈلكىنى زىيانغا ئۇچرىتىش؛

(4) ۋەزىپىسىدىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ، پارا سوراش، پارا ئېلىش، ئۆستەك ئېلىش ياكى باشقا نەپكە ئېرىشىۋېلىش.

**36 - ماددا** بۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقىنى ئەدلىيە ئورگانلىرى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرىدۇ.

## 6 - باب قوشۇمچە پرىنسىپ

**37 - ماددا** بۇ نىزام 2000 - يىل 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

# شانلىق 50 يىل

شىنجاڭ قەدىمكى زاماندا غەربىي يۇرت دەپ ئاتالغان. ئۇ ئېلىمىزدىكى يەر كۆلىمى ئەڭ چوڭ ئاپتونوم رايون. ئۇ ئۆزىنىڭ گۈزەل رەڭگارەڭ جۇغراپىيىلىك قىياپىتى، تېپىلغۇسىز ئەۋزەل تەبىئىي بايلىقى ۋە ئۆزگىچە قويۇق مىللىي ئۆرپ - ئادىتى بىلەن كىشىلەر تەرىپىدىن ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي چېگرىسىدىكى مۇنبەت گۆھەر زېمىن دەپ تەرىپلىنىپ كەلمەكتە. 1949 - يىل 10- ئاينىڭ 1- كۈنى يېڭى جۇڭگو دۇنياغا كېلىپ، بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا جەۋلان قىلدى، بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ تارىخىدا يېپيېڭى بىر بەت ئېچىلدى. 1955 - يىل 10 - ئاينىڭ 1- كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى، شۇنىڭدىن باشلاپ شىنجاڭ تارىخىدا يېڭى بىر سەھىپە ئېچىلدى. 50 يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان، شىنجاڭدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. پۈتۈن دۇنيانى ئۆزىگە تارتىدىغان ئۇلۇغۋار مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلدى.

## 1. پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ئۇلۇغۋار غەلىبىگە ئېرىشتى

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ئەمەلگە ئېشىپ، ھەر مىللەت خەلقى خوجايىن بولدى. شىنجاڭ — ئۇيغۇرلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون. پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، 1953 - يىل 10 - ئايدىن باشلاپ، شىنجاڭدا يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ھەر دەرىجىلىك مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ئورگانلىرى يەنى 6 مىللىي ئاپتونوم ناھىيە، 5 مىللىي ئاپتونوم ئوبلاست قۇرۇلدى. 1955 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلدى. 40 نەچچە يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايون پارتىيە ۋە دۆلەت بەرگەن ھوقۇققا ئاساسەن، ئازكەم 200 يەرلىك قانۇن، قائىدە - نىزام ۋە بېكىتمە، قارار تۈزدى ۋە ئېلان قىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى تولۇق يۈرگۈزۈشى قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە بولدى. شىنجاڭدا ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ ئۆزىنىڭ مىللىي تىل - يېزىقىنى ئىشلىتىش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىندى. 1999 - يىلىغا كەلگەندە ئاپتونوم رايون بويىچە ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل، قىرغىز ۋە شىبە يېزىقلىرىدا 98 خىل گېزىت نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى؛ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 6 خىل يېزىقتا ھەرخىل كىتاب ۋە دەرسلىكلەرنى نەشر قىلدى، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە، موڭغۇلچە، قىرغىزچە تىللاردا سىرتقا ئاڭلىتىش بېرىدۇ، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە تىللاردا تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇزۇندىن بۇيان شىنجاڭدا پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇش قانۇن بويىچە كۈچەيتىلىپ، دىننىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا ماسلىشىشىغا پائال يېتەكچىلىك قىلىندى ۋە ئۇ ئىلگىرى سۈرۈلدى.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كۈندىن - كۈنگە مۇستەھكەملەندى. شىنجاڭدا 47 مىللەت بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسلىق مىللەت 13؛ 50 يىلدىن بۇيان شىنجاڭدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ئومۇمىيەتكە مۇناسىۋەتلىك زور ئىش سۈپىتىدە تۇتۇلدى. 1983 - يىلدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايون مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتىنى ئۇدا 17 يىل قانات يايدۇردى، نەتىجىدە ھەر مىللەت خەلقى ھەمنەپەس، تەقدىرداش، قەلبداش بولۇش، بىر - بىرىنى ھۆرمەتلەش، بىر - بىرىنى قوللاش، بىر -بىرىدىن ئۆگىنىش، بىر - بىرىنى ئەپۇ قىلىش كەيپىياتى ئەۋج ئالدى، «ئىككىدىن ئايرىلالماسلىق» ئىدىيىسى كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى. يېقىنقى 10 نەچچە يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايون بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئارمىيە خەلق ئىتتىپاقلىقى بويىچە «ئىككىنى ھىمايە قىلىش»تىكى ئىلغار ناھىيىدىن 50 نەچچىسى ۋە زور بىر تۈركۈم ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەر مەيدانغا كەلدى، بۇ ھال ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى.

ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى يېتىشىپ چىقتى. ئازادلىقنىڭ دەسلەپىدە شىنجاڭدا ئاران 3000 نەچچە ئاز سانلىق مىللەت كادىرى بار ئىدى. 1999 - يىلغا كەلگەندە ئاپتونوم رايوندىكى ئاز سانلىق

مىللەت كادىرى 329 مىڭغا يېتىپ، ئاپتونوم رايوندىكى ئومۇمىي كادىرلارنىڭ 49.5%ىنى ئىگىلىدى؛ ھەرخىل ئاز سانلىق مىللەت كەسپىي تېخنىكا خادىمى 257 مىڭ بولۇپ، ئاپتونوم رايوندىكى ئومۇمىي كەسپىي تېخنىكا خادىملارنىڭ 52.01%ىنى ئىگىلىدى؛ ئاپتونوم ئوبلاست باشلىقى، ئاپتونوم ناھىيە ھاكىمى، ئاپتونوم يېزا باشلىقى شۇ جايدا ئاساسىي گەۋدە بولغان ئاز سانلىق مىللەتلەردىن بولدى، ۋالىي، شەھەر باشلىقلىرىنىڭ بىر ئادەمدىن باشقىسى ئاز سانلىق مىللەتلەردىن بولدى. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنىڭ تېز سۈرئەتتە يېتىلىشى ئاپتونوم رايوندا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ ئۇلۇغ نەتىجىسى.

## 2. ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى جەھەتتىكى شانلىق مۇۋەپپەقىيەت

دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئىسلاھات مول مېۋە بەردى. 1979 - يىلدىن بۇيان شىنجاڭدا مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقى قوزغىتىلدى؛ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئۆز يېرىنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن «بەشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش» تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، بىر تۇتاش باشقۇرۇش بىلەن تارقاق باشقۇرۇش بىرلەشتۈرۈلگەن قوش قاتلاملىق ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىندى؛ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھ قىلىنىپ، بىر تۇتاش سېتىۋېلىش، ھۆددە ئېلىپ سېتىش ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئاشلىق، پاختا، قىزىلچا قاتارلىق ئاز ساندىكى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرى ۋە ئۇلارنىڭ باھاسى تېخى قويۇۋېتىلمىگەندىن سىرت، باشقا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى بازىرى ۋە باھاسى پۈتۈنلەي قويۇۋېتىلدى؛ يەر ھۆددىگەرلىكى 15 يىل ئۆزگەرتىلمەي يولغا قويۇلغاندىن كېيىن يەنە 30 يىل ئۇزارتىلىپ، دېھقانلارنىڭ يەرگە ئوتتۇرا مەزگىللىك ۋە ئۇزۇن مەزگىللىك سېلىنما سېلىشىغا ئىلھام بېرىلدى؛ بازار ئېھتىياجى نىشان قىلىنىپ، يېزىلارنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسى زور كۈچ بىلەن تەڭشىلىپ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلغان بىرلا خىل ئەندىزە ئۆزگەرتىلىپ، كېۋەز، قىزىلچا، قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنىڭ سالمىقى ئاشۇرۇلدى، بۇنىڭ بىلەن ئاشلىق زىرائىتى تېرىلغۇ كۆلىمى نىسبىتى 1978 - يىلدىكى 76.5% تىن 1999 - يىلى 45%كە چۈشتى، ئىقتىسادىي زىرائەت نىسبىتى 12.3%تىن 41.5%كە ئۆستى، بۇنىڭ ئىچىدە كېۋەز 5%تىن 29.5%كە ئۆستى؛ يېزا - بازار كارخانىسى ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان يېزا 2 -، 3 -كەسىپلىرى ئاۋال راۋاجلاندۇرۇلدى، يېزىلاردىكى غەيرىي يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى قىممىتىنىڭ يېزا ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 1978 - يىلدىكى 15.7%تىن 1999 - يىلى تەخمىنەن 25%كە ئۆستى، بۇ ھال يېزا ئىقتىسادىنىڭ ئومۇميۈزلۈك گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

مىكرولۇق ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا مۇھىم بۆسۈش بولدى. دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىدا 80 - يىللاردا ھوقۇقنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈش، پايدىنى ئۆتۈنۈپ بېرىش، 2 قەدەملىك پايدىنى باجغا ئۆزگەرتىش چارىسى يولغا قويۇلدى، كارخانا ھۆددىگەرلىكى ئۇنىڭدىن كېيىن يولغا قويۇلدى، 1992 - يىلدىن بۇيان دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى تۈزۈمنى يېڭىلاشتىن ئىبارەت يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويدى، بۇنىڭ بىلەن زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى ئورنىتىشقا تۇتۇش قىلىندى. «چوڭلىرىنى تۇتۇش، كىچىكلىرىنى قويۇۋېتىش» فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، دۆلەت كارخانىلىرىغا قارىتا يولغا قويۇلغان ئىستراتېگىيىلىك تەڭشەشتە دەسلەپكى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. 1999 - يىلغا كەلگەندە، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ۋە مەسئۇل تارماقلار تەستىقلىغان 28 كارخانا گۇرۇھىنىڭ ئومۇمىي مۈلكىنىڭ قىممىتى 32مىليارد 941 مىليون يۈەنگە، ياسىمىچىلىق كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليارد 831 مىليون يۈەنگە، تاۋارلارنىڭ سېتىلىش سوممىسى 5 مىليارد 578 مىليون يۈەنگە يەتتى؛ ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 420 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسىنىڭ 24%ىنى ئىگىلىدى؛ پولات - تۆمۈر، توقۇمىچىلىق، بىناكارلىق، خىمىيە سانائىتى قاتارلىق نۇقتىلىق كارخانا گۇرۇھلىرى ئۆز ساھەسىدە باشلامچىلىق ئورنى ۋە رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، كۆلەملىك ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈپ، ئىقتىسادىي كۈچىنى ئاشۇردى؛ 23 كارخانا گۇرۇھى ئانا شىركەت ۋە بالا شىركەت تۈزۈمى ئورناتتى، پۈتۈن مەبلەغلىك ياكى پاينى كونترول قىلىدىغان تار بالا شىركەتتىن 194 ى بار بولدى. 1999 - يىلغا كەلگەندە شىنجاڭدىكى 14 شىركەت شېنجېن ۋە شاڭخەيلەردىكى ئاكسىيە سودا ئورۇنلىرىدا ۋىۋىسكا ئېسىپ پېيىنى بازارغا سالدى. ئاپتونوم رايوندىكى 7000 دىن ئارتۇق ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى كىچىك كارخانا ئىچىدە 50% كارخانا تۈرلۈك شەكىلدىكى مۈلۈك ھوقۇقىنى ئۆزگەرتىشنى تاماملىدى، سۈرئىتى تېز رايونلارنىڭ تۈزۈلمە ئۆزگەرتىش كۆلىمى 80%تىن ئېشىپ كەتتى، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى كىچىك كارخانىلار تۈزۈلمە ئۆزگەرتىش ئارقىلىق يېڭى ھاياتقا ئېرىشتى. ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشى دۆلەت

كارخانىلىرىنىڭ پاتال تۈردە بازارغا يۈزلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى، بۇنىڭ بىلەن بازارنى يېتەكچى قىلغان مىكرولۇق رىقابەت سۇبيېكتى ئاساسەن شەكىللەندى.

مۇلۇكچىلىك قۇرۇلمىسىدا غايەت زور ئۆزگىرىش بولدى، ئىقتىسادنى ئاشۇرىدىغان تايانچ كۈچ تەدرىجىي كۆپ مەنبەلەشتى. ئىسلاھات بىرلا خىل بولغان ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك قۇرۇلمىسىنى بۇزۇپ تاشلىدى، بۇنىڭ بىلەن ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىدىغان، كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبلىرى تەڭ راۋاجلىنىدىغان يېڭى ئەندىزە شەكىللەندى، نەتىجىدە دۆلەت ئىلكىدىكى، كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى، يەككە ئىگىلىكتىكى، خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى، بىرلەشمە ئىگىلىكتىكى، پاي ھەمكارلىق تۈزۈمىدىكى، پاي تۈزۈمىدىكى، چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان، شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنلىكلەر مەبلەغ سالغان ھەرخىل شەكىلدىكى مىكرو ئىقتىسادىي سۇبيېكتلار مەيدانغا كەلدى. ئومۇمىي ئىگىلىك خەلق ئىگىلىكىدە يەنىلا ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلىدى، غەيرىي ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىكى ئىگىلىكنىڭ ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىدىكى تۆھپىسى ئۈزلۈكسىز ئاشتى. 1999 - يىلغا كەلگەندە ئاپتونوم رايون بويىچە يەككە سودا - سانائەت ئورنى 408 مىڭغا، خۇسۇسىي كارخانا 18 مىڭغا، يەككە، خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ كەسپكارى 760 مىڭغا، چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانا 597 گە يەتتى. دېمەك، غەيرىي ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىكى ئىگىلىك شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالدى.

ئىقتىسادنىڭ بازارلىشىش دەرىجىسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى. بېزىلاردا مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى بىلەن يېزا ئىقتىسادىنىڭ بازارلىشىش سۈرئىتى تېزلەشتى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ تاۋارلىشىش نىسبىتى 1999 - يىلى %60 تىن ئاشتى؛ سانائەت مەھسۇلاتلىرى ئەسلىدە پىلانلىق يۆتكەلگەن بولسا، ھازىر ئاساسەن بازار ئارقىلىق تەڭشىلىدىغان بولدى؛ كۆپ ساندىكى ئىستېمال بۇيۇملىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى جەھەتتە باھانى بازاردىكى تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج بەلگىلەيدىغان مېخانىزم دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى، خېرىدار تەرەپ بازىرى ئاساسەن شەكىللەندى، ھازىر %85 تىن ئارتۇق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ، %90 تىن ئارتۇق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنى ۋە %95 تىن ئارتۇق سانائەت ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ باھاسىنى بازار شەكىللەندۈرىدىغان بولدى. مەبلەغ سېلىش سۇبيېكتلىرى كۆپ مەنبەلەشتى، مەبلەغنىڭ كېلىش مەنبەسى مالىيىدىنلا پۇل ئاجرىتىپ بېرىشتىن بانكىدىن قەرز ئېلىش، كارخانىلار ئۆزلىرى غەملەش، چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش ۋە جەمئىيەتتىن مەبلەغ توپلاش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىلگە ئۆزگەردى؛ كاپىتال بازىرى ھەرىكەتلىنىشكە باشلىدى، بۇ مال مەبلەغ بازىرى، ئاكسىيە بازىرى، قەرز چېكى بازىرى، قەرەللىك مال بازىرىنىڭ يېتىلىشىگە تۈرتكە بولدى، شىنجاڭ ئاكسىيە شىركىتى قاتارلىق 10 نەچچە پۇل مۇئامىلە كارخانىسى يېڭىدىن تەشكىللەندى؛ ئەمگەك كۈچلىرى جەھەتتە، ئىلگىرىكى دۆلەت بىر تۇتاش ھۆددىگە ئېلىپ بىر تۇتاش تەقسىم قىلىش كارخانىلار ئۆز ئالدىغا ئادەم ئىشلىتىش، ئەمگەكچىلەر ئۆز ئالدىغا كەسىپ تاللاش، تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياجنى بازار ئارقىلىق تەڭشەشتىن ئىبارەت يېڭىچە ئىشقا ئورۇنلىشىش مېخانىزمىغا ئۆزگەردى، ئىختىساسلىق خادىملار بازىرى، ئەمگەك مۇلازىمىتى بازىرى رىقابەت ئىچىدە تەرەققىي قىلدى؛ يەر بازىرى، پەن - تېخنىكا بازىرى، ئۇچۇر بازىرى، مەدەنىيەت بازىرى قاتارلىقلارمۇ ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا كەلدى. 1999 - يىلغا كەلگەندە ئاپتونوم رايون بويىچە ھەرخىل بازار 1430 غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بازىرى 81، ئىستېمال بۇيۇملىرى بازىرى 1316، ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرى بازىرى 33، دېمەك، ئېچىۋېتىلگەن، رىقابەتلىك، تەرتىپلىك بازار سىستېمىسى ئاساسىي جەھەتتىن بەرپا قىلىندى، بازارلىشىش دەرىجىسى %30 — %35 ئۆستى، بازار بايلىق تەقسىماتى جەھەتتە ئاساس خاراكتېرلىك رول ئوينىدى.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئاساسىي رامكىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش ئاساسىدا تەرتىپلىك ئىلگىرىلىدى شۇنىڭدەك ئومۇمىي جەھەتتىن مۇنداق 3 باسقۇچنى باشتىن كەچۈردى: 1) يېزا ئىسلاھاتى مۇھىم نۇقتا قىلىنغان باشلىنىش باسقۇچى (1978 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە)، بۇ باسقۇچتىكى ئىسلاھات ئالدى بىلەن يېزىدىن باشلىنىپ غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى؛ 2) شەھەر ئىسلاھاتىنى مەركەز قىلىپ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش باسقۇچى (1985 - يىلدىن 1991 - يىلغىچە)، بۇ باسقۇچتىكى ئىسلاھاتتا باھا ئىسلاھاتى جەھەتتە قوش يوللۇق تۈزۈم يولغا قويۇلۇپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ دۆلەتكە تايىنىۋېلىشتىن بازارغا يۈزلىنىشكە ئۆتۈشى ئىلگىرى سۈرۈلدى؛ 3) سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئاساسىي رامكىسىنى قۇرۇش نىشان قىلىنغان

ئىسلاھاتنىڭ ئاچقۇچلۇق باسقۇچى (1992 ـ يىلدىن ھازىرغىچە). 1992 ـ يىل ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ تەرەققىياتىدىكى ھالقىلىق بىر يىل بولدى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى «ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش توغرىسىدا قارار» چىقاردى، بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك ئىسلاھات ئىشلىرى يېڭى باسقۇچقا كىردى، بۇنىڭغا ئەگىشىپ مالىيە ـ باج، پۇل مۇئامىلە، تاشقى پېرېۋوت، تاشقى سودا، مەبلەغ سېلىش، پىلان، باھا، ئوبوروت، ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمى قاتارلىقلارغا دائىر ئىسلاھات مۇۋەپپەقىيەتلىك يولغا قويۇلدى. باجنى ئايرىش تۈزۈمى يادرو قىلىنغان يېڭى مالىيە ـ باج تۈزۈلمىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئورنىتىلدى. 1994 ـ يىلى شىنجاڭدا مەملىكەت بويىچە تۇنجى بولۇپ دۆلەت بېجى ئىدارىسى بىلەن يەرلىك باج ئىدارىسى ئايرىم تەسىس قىلىندى؛ يېزا ئىگىلىك بانكىسى، سودا ـ سانائەت بانكىسى، قۇرۇلۇش بانكىسى، سودا بانكىسىدىن ئىبارەت 4 چوڭ كەسپىي بانكا تىجارەت بانكىسىغا ئۆتۈشنى تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇردى، يېڭىدىن شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى قۇرۇلدى، سىياسەت خاراكتېرلىك بانكا بىلەن سودا بانكىسى ئايرىلدى. قاتناش بانكىسى، سودا بانكىسى، «ئامانلىق» سۇغۇرتا شىركىتى ۋە «تىنچ ئوكيان» سۇغۇرتا شىركىتى قاتارلىق پۇل مۇئامىلە، سۇغۇرتا ئاپپاراتلىرى يېڭىدىن قۇرۇلدى، بىر تۈركۈم غەيرىي پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى قۇرۇلدى؛ خەلق پۇلىنىڭ پېرېۋوت نىسبىتى بىر ئىزغا چۈشتى، كارخانىلارنىڭ ئىمپورت، ئېكسپورت ھوقۇقى كېڭەيدى، تاشقى سودا باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى جەھەتتە خەلقئارادا بىر تۇتاش يولغا قويۇلىدىغان مەشغۇلات مېخانىزمى يولغا قويۇلدى؛ مەبلەغ سېلىش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىدا رىقابەت مېخانىزمى ۋە خېيىمخەتەر ـ چەكلەش مېخانىزمى كىرگۈزۈلدى، يېڭى مەبلەغ سېلىش شەكلى يولغا قويۇلدى؛ باھا ئىسلاھاتىدا باھانى دۆلەت بەلگىلەشنى ئاساس قىلىشتىن باھانى بازار شەكىللەندۈرۈشنى ئاساس قىلىشقا ئۆتۈش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئېشىپ، باھانى بازار بەلگىلەيدىغان يېڭى مېخانىزم دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى؛ پىلان فۇنكسىيىسىدە توپ ئۆزگىرىش بولدى، ئىلگىرى ئىشلەپچىقىرىش كۆرسەتكۈچى بېكىتىشتىن ماكرولۇق ئىگىلىكنى يېتەكلەش ۋە ماسلاشتۇرۇشقا قاراپ بۇرۇلۇش ياسالدى؛ يەرلىك ئىقتىسادنى ماكرولۇق تەڭشەش ـ تىزگىنلەش يېڭى سىستېمىسى ئورنىتىلىشقا باشلىدى، كارخانىلارنى بىۋاستە باشقۇرۇش تارماقلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ئۇنىۋېرسال ئىگىلىك باشقۇرۇش تارماقلىرى ماكرولۇق تەڭشەش ـ تىزگىنلەش تارماقلىرىغا ئۆزگەرتىلدى، ئىقتىسادنى تەڭشەش ـ تىزگىنلەش «قويۇۋېتىشلا قالايمىقان بولۇپ كېتىدىغان، يىغىۋالسىلا ئۆلۈك بولۇپ كېتىدىغان» قېلىپتىن ئەمەلدىن قۇتۇلۇشقا باشلىدى؛ كىرىم تەقسىماتىدا رىقابەت، رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمى كىرگۈزۈلدى ھەمدە ئۈنۈم، مەنپەئەت ۋە ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش پرىنسىپى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلدى؛ ئىقتىسادىي سىياسەت، ئىقتىسادىي پىشاڭ ۋە ئىقتىسادىي قائىدە ـ نىزام قاتارلىق تەڭشەش ـ تىزگىنلەش ۋاستىلىرىنىڭ مۇھىم رولى كۆزنايىن جارى قىلدۇرۇلدى.

بۇنىڭدىن باشقا ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈلمىسى، مائارىپ تۈزۈلمىسى، پەن ـ تېخنىكا تۈزۈلمىسى، تۇرالغۇ ئۆي تۈزۈمى، مەمۇرلار تۈزۈمى جەھەتتىكى ئىسلاھاتمۇ يېڭى ئىلگىرىلەشلەر بولدى. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئاساسىي رامكىسى دەسلەپكى قەدەمدە نامايان بولدى، شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدا تەڭ قەدەمدە ئىلگىرىلەشتەك ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى.

### 3. ئۇنىۋېرسال ئىقتىسادىي كۈچ كۆرۈنەرلىك ئاشتى

خەلق ئىگىلىكى ئۇدا ئاشتى، كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ دەرىجىسى تەدرىجىي ئۆستى، 50 يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان 20 يىلدىن بۇيان شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ئىقتىسادىي كۆلىمى ۋە ئىقتىسادىي كۈچى يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈلدى. 1999 ـ يىلى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 116 مىليارد 900 مىليون يۈەنگە يېتىپ (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە) 1952 ـ يىلدىكىدىن 36.7 ھەسسە ئاشتى، يىلىغا 8% تىن ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 5.7%، 2 ـ كەسىپنىڭ 9.6%، سانائەتنىڭ 10.3%، 3 ـ كەسىپنىڭ 10.3% ئاشتى. باسقۇچلار بويىچە قارىغاندا، 1978 — 1999 ـ يىلغىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10.4% تىن ئېشىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن ئىلگىرىكى 26 يىلدىكى (1952 — 1978 ـ يىلغىچە) يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 6% تىن ئېشىش سۈرئىتىدىن 4.4 پىرسەنت پوئىنتتى تېز بولدى. كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1952 ـ يىلى 166 يۈەن، 1978 ـ يىلى 313 يۈەن بولغان بولسا، 1999 ـ يىلى 6470 يۈەنگە يەتتى، دېمەك 1978 ـ يىلدىن بۇيان يىلىغا 8.6% تىن ئاشتى. شىنجاڭنىڭ مەملىكەتنىڭ ئىقتىسادىدىكى ئورنى مۇقىم يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، مىللىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ مەملىكەت بويىچە ئىگىلىگەن

سالمىقى 1978 ـ يىلدىكى %1.08 تىن 1999 ـ يىلى %1.4 كە ئۆستى؛ نېفىت مىقدارى جەھەتتە مەملىكەت بويىچە 3 ـ ئورۇنغا ئۆتتى، شېكەر ۋە تەبىئىي گاز جەھەتتە 4 ـ ئورۇندا تۇردى. ئىقتىسادنى تېز سۈرئەتتە ئاشۇرۇش شەرتى ئاستىدا كەسىپ قۇرۇلمىسى ئۈزلۈكسىز تەڭشەلدى ۋە سەرخىللاشتۇرۇلدى. 1952 ـ يىلى 3 قېتىملىق كەسىپ قۇرۇلمىسى 3.13:22:7.64 بولغانىدى؛ 1999 ـ يىلغا كەلگەندە 6.37:4.39:23كە ئۆزگەردى.

يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۇللۇق ئورنى كۈندىن ـ كۈنگە مۇستەھكەملەندى. شىنجاڭ تىپىك بوستانلىق ئىگىلىكى، سۇغىرىلىدىغان دېھقانچىلىق رايونىغا كىرىدۇ. 50 يىل ئىچىش ۋە گۈللەندۈرۈش ئارقىلىق ئاپتونوم رايون بويىچە ئېتىز ـ ئېرىقلارنى سۇغىرىش تورى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى، يېزىلارنىڭ زامانىۋى ئۈسكۈنە سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى. 1999 ـ يىلغا كەلگەندە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى 8 مىليون 142 مىڭ 100 كىلوۋاتقا يېتىپ، 1978 ـ يىلدىكىدىن 3.88 ھەسسە ئاشتى؛ دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلگەن خىمىيىۋى ئوغۇت (ساپ ئوغۇت) 783 مىڭ 300 توننىغا يېتىپ 6.32 ھەسسە ئاشتى؛ يېزىلاردا ئىشلىتىلگەن توك 2 مىليارد 344 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، 6.33 ھەسسە ئاشتى؛ ئاساسلىق زىرائەت جەھەتتە سۈپەتلىك ئۇرۇق قاپلىغان كۆلەم %90تىن ئاشتى، پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ يېزا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىدىكى تۆھپە نىسبىتى %40 بولدى. 1978 ـ يىلدىن بۇيان يېزا ئىگىلىكىدىن ئۇدا 20 يىل مول ھوسۇل ئېلىندى، نەتىجىدە ئاپتونوم رايون ئېلىمىزدىكى چوڭ يېزا ئىگىلىك ئۆلكىلىرى قاتارىغا كىردى. 1999 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 46 مىليارد 115 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1949 ـ يىلدىكىدىن 14.76 ھەسسە يەنى يىلىغا %5.7 تىن ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1978 — 1999 ـ يىلغىچە يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %8.3 تىن ئاشتى، دېمەك ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن ئىلگىرىكى يىلىغا ئوتتۇرىچە ئېشىش سۈرئىتىدىن 3.3 پىرسەنت يۇقىرى، مەملىكەت بويىچە يىلىغا ئوتتۇرىچە ئېشىش سۈرئىتىدىن 1.6 پىرسەنت يۇقىرى بولدى. شىنجاڭ ئاشلىقتا ئۆز ـ ئۆزىنى تەمىنلەپ ئېشىنىدىغان بولدى ھەمدە غەربىي شىمال رايونى بويىچە يىلىغا سىرتقا ئەڭ كۆپ ئاشلىق يۆتكەيدىغان ئاپتونوم رايونغا ئايلاندى. 1999 ـ يىلى ئېلىنغان ئاشلىق 8 مىليون 387 مىڭ 800 توننىغا يېتىپ، 1949 ـ يىلدىكىدىن 8.89 ھەسسە ئاشتى؛ ئېلىنغان پاختا 1978 ـ يىلدىكى 55 مىڭ توننىدىن 1999 ـ يىلى بىراقلا 1 مىليون 407 مىڭ 500 توننىغا يېتىپ، مەملىكەت بويىچە ئېلىنغان پاختىنىڭ ئۈچتىن بىرىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى، 1994 ـ يىلدىن بۇيان بىرلىك ھوسۇل، ئومۇمىي ھوسۇل،

سورت دەرىجىسى ۋە سىرتقا يۆتكەش مىقدارى جەھەتتە مەملىكەت بويىچە 1 ـ لىك ئۇدا ساقلاپ قېلىنىدى؛ ئېلىنغان قىزىلچا 3 مىليون 542 مىڭ 400 توننىغا يېتىپ، 1978 ـ يىلدىكىدىن 6.20 ھەسسە ئاشتى؛ ئېلىنغان ياغلىق دان 604 مىڭ 600 توننىغا يېتىپ، 4.85 ھەسسە ئاشتى؛ شىنجاڭ جۇڭگو ۋە چەت ئەلگە داڭلىق مېۋە ـ چېۋە ماكانى، داڭلىق تۇرپان ئۈزۈمى، كورلا نەشپۈتى، قوغۇن قاتارلىقلار مەملىكەتنىڭ جاي ـ جايلىرىدا ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا رايونلىرىدا سېتىلىدۇ؛ شىنجاڭ ئېلىمىزدىكى 5 چوڭ چارۋىچىلىق رايونىنىڭ بىرى. 1999 ـ يىلى قولدا قالغان چارۋا 43 مىليون 965 مىڭ 400 تۇياققا يېتىپ، 1949 ـ يىلدىكىدىن 3.23 ھەسسە ئاشتى؛ ئېلىنغان گۆش 813 مىڭ 600 توننىغا يېتىپ، 1949 ـ يىلدىكىدىن 15.08 ھەسسە ئاشتى؛ ئېلىنغان سۈت مەھسۇلاتى 55 مىڭ 800 توننىغا يېتىپ، 1984 ـ يىلدىكىدىن 6.88 ھەسسە ئاشتى. يېزا ـ بازار كارخانىلىرى بىردىنلا بارلىققا كەلدى. 1999 ـ يىلى يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 27 مىليارد 400 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1985 ـ يىلدىكىدىن 35 ھەسسە ئاشتى؛ يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 100 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن ناھىيە (شەھەر) 52گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 4 ناھىيە (شەھەر) نىڭ يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد يۈەندىن ئېشىپ كەتتى، يېزا ـ بازار كارخانىلىرىدىكى كەسىپكار ئازكەم 800 مىڭغا يەتتى.

سانائەت ئىقتىسادىي كۈچى كۈنسايىن زورايدى. ئازادلىقتىن ئىلگىرى شىنجاڭدا زامانىۋى سانائەت يوق ئىدى. 50 يىل تىرىشىش ئارقىلىق شىنجاڭدا بايلىقلارنى پىششىقلاش ئاساس قىلىنغان، تۈرلىرى بىر قەدەر تولۇق سانائەت ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىسى بەرپا قىلىندى، سانائەت خەلق ئىگىلىكىدە يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلىدى. 1999 ـ يىلى سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 80 مىليارد 209 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1952 ـ يىلدىكىدىن 7.160 ھەسسە، يەنى يىلىغا ئوتتۇرىچە %11.4 تىن ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1978 — 1999ـ يىلغىچە بولغان سانائەت مەھسۇلات قىممىتى يىلىغا ئوتتۇرىچە %11.2 تىن ئاشتى. 1999 ـ يىلغا كەلگەندە شىنجاڭدا 58 مىڭ 200 سانائەت كارخانىسى قۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ كارخانا 217. مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان سانائەت كارخانىلىرىنىڭ تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ساپ قىممىتى 82 مىليارد 943 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1978 ـ يىلدىكىدىن 2.29 ھەسسە ئاشتى؛ سانائەت مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ۋە تېخنىكا سەۋىيىسى خېلى زور دەرىجىدە ئۆستى، قىسمەن مەھسۇلاتلار مەملىكەت بويىچە مۇھىم ئورۇننى

ئىگىلىدى. ئاساسلىق مەھسۇلاتلارنىڭ مىقدارى ھەسسىلەپ ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە خام نېفىت 17 مىليون 400 مىڭ توننىغا يېتىپ، 1978 - يىلدىكىدىن 3.93 ھەسسە ئېشىپ، مەملىكەت بويىچە 3 - ئورۇندا تۇردى؛ تەبىئىي گاز 3 مىليارد 106 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىپ، 11.37 ھەسسە ئېشىپ، مەملىكەت بويىچە 4 - ئورۇنغا ئۆتتى؛ كۆمۈر 27 مىليون 780 مىڭ توننىغا يېتىپ، 1.57 ھەسسە ئاشتى؛ تارقىتىلغان توك 16 مىليارد 930 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، 7 ھەسسە ئاشتى؛ ماشىنىدا ئىشلەنگەن قەنت 463 مىڭ 500 توننىغا يېتىپ، 21.3 ھەسسە ئېشىپ، مەملىكەت بويىچە 4 - ئورۇنغا ئۆتتى؛ يىپ 294 مىڭ 400 توننىغا يېتىپ، 9.51 ھەسسە ئاشتى؛ دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان خىمىيىۋى ئوغۇت 685 مىڭ 600 توننىغا يېتىپ، 32.77 ھەسسە ئاشتى؛ پولات ماتېرىيال 1 مىليون 173 مىڭ توننىغا يېتىپ، 16.17 ھەسسە ئاشتى؛ سېمونت 8 مىليون 58 مىڭ 300 توننىغا يېتىپ، 9.31 ھەسسە ئاشتى. سانائەت قۇرۇلمىسى ئۈزلۈكسىز مەرخەللاشتى. يېنىك سانائەت ۋە ئېغىر سانائەت قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، پۈتكۈل سانائەت ئىچىدە، يېنىك سانائەت بىلەن ئېغىر سانائەتنىڭ نىسبىتى 1978 - يىلدىكى 4.58:6.41 دىن 1999 - يىلى 6.68:4.31گە تەڭشەلدى. بۇ سانائەت قۇرۇلمىسىنىڭ ئىستېمال تىپىدىكى يېنىك قۇرۇلمىدىن مەبلەغ سېلىش تىپىدىكى ئېغىر قۇرۇلمىغا پەيدىنپەي ئۆزگەرگەنلىكىنى، سانائەتلىشىش سەۋىيىسىنىڭ مۇقىم ئۆسكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ؛ سانائەتنىڭ ساھە قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، نېفىت، كۆمۈر، ئېلېكتر قۇۋۋىتى قاتارلىق ئېنېرگىيە سانائىتى ۋە توقۇمىچىلىق، يېمەكلىك، بىناكارلىق سانائىتى ئاپتونوم رايون خەلق ئىگىلىكىنىڭ تۈۋرۈك كەسپىگە ئايلاندى. 1999 - يىلى دۆلەت ئىلكىدىكى مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان كارخانىلار ۋە مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان غەيرىي دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلارنىڭ قوشۇلما قىممىتى ئىچىدە نېفىت، تەبىئىي گاز ئېچىش ۋە نېفىت پىششىقلاش سانائىتىنىڭ قوشۇلما قىممىتى %61نى، بىناكارلىق سانائىتىنىڭ %2.4نى، توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ %4.5نى، يېمەكلىك سانائىتىنىڭ %3.5نى ئىگىلىدى، نېفىت، توقۇمىچىلىق، يېمەكلىك، بىناكارلىقتىن ئىبارەت 4 چوڭ ساھەنىڭ قوشۇلما قىممىتى پۈتكۈل سانائەت قوشۇلما قىممىتىنىڭ %76نى ئىگىلىدى.

تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش مول مېۋە بەردى. 50 يىلدىن بۇيان دۆلەتنىڭ زور - كۈچ بىلەن قوللىشى ئاستىدا، شىنجاڭدا زور كۆلەملىك مەبلەغ سېلىش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلدى. 1950 — 1999 - يىلغىچە جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 369 مىليارد 550 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 1979 — 1999 - يىلغىچە سېلىنغان مەبلەغ 316 مىليارد 136 مىليون يۈەن بولۇپ، 50 يىلدا سېلىنغان مەبلەغنىڭ %5.85نى ئىگىلىدى؛ 50 يىلدىن بۇيان ئېنېرگىيىگە سېلىنغان مەبلەغ سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغنىڭ %9.35نى، يېزا ئىگىلىكىگە سېلىنغان مەبلەغ %9.8نى، قاتناش - خەۋەر - ئالاقە ئىشلىرىغا سېلىنغان مەبلەغ %3.11نى ئىگىلىدى، بۇ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنىڭ ئۇدا ئېشىشىدا ئاساس بولۇپ قالدى؛ جەمئىي 90 مىڭدىن ئارتۇق تۈر ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ، ئوتتۇرا تۈر 172، ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە يېڭىلاش - ئۆزگەرتىش بويىچە پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 177 مىليون كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن غايەت زور تۆھپە قوشۇلدى. شىنجاڭ نېفىتلىكى، تارىم نېفىتلىكى ۋە تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن كېيىن ئومۇمىيۈزلۈك ئېچىلدى، بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ ئېلىمىزدىكى 3 - چوڭ نېفىتلىك رايونى ۋە 21 - ئەسىردىكى ئېلىمىزنىڭ قۇرۇقلۇق نېفىت سانائىتىدىكى ئىستراتېگىيىلىك داۋاملاشما رايون بولۇپ قالدى؛ ئۈرۈمچى نېفىت - خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى، مايتاغ ئېتىلېن قۇرۇلۇشى، «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر شىركىتى، ماناس ئېلېكتر ئىستانسىسى، شىنجاڭ سېمونت زاۋۇتى، ئۈچۈرغۇل كۆمۈر كېنى قاتارلىق چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلار قۇرۇلدى؛ دېھقانچىلىق ۋە سۇچىلىق قۇرۇلۇشى جەھەتتە، قىزىل سۇ ئامبىرى قاتارلىق چوڭ تىپتىكى تۈگۈنلۈك سۇچىلىق مۇئەسسەسەلىرى ياسالدى؛ قاتناش — ترانسپورت جەھەتتە، لەنجۇ — شىنجاڭ تاشيولى، چىڭخەي — شىنجاڭ تاشيولى، شىنجاڭ — شىزاڭ تاشيولى قاتارلىق ئاپتونوم رايون سىرتى بىلەن ئالاقە قىلىنىدىغان تاشيوللار پۈتكۈزۈلدى، ئۈرۈمچى — قەشقەر تاشيولى، ئۈرۈمچى — غۇلجا تاشيولى، كۈيتۇڭ — ئالتاي تاشيولى، مايتاغ — كۇچا تاشيولى قاتارلىق غول تاشيوللار ۋە قۇملۇق تاشيولى ياسالدى، تۇرپان — ئۈرۈمچى — داخۇاڭشەن ئالىي تاشيولىنىڭ پۈتۈشى بىلەن شىنجاڭدا ئالىي تاشيول بولماسلىق تارىخىغا خاتىمە بېرىلدى؛ 1963 - يىلدىن باشلاپ تۆمۈريول ئۈرۈمچى، كورلا، ئالاتاۋ، ئاقسۇ ۋە قەشقەرگە يېتىپ باردى؛ ئۈرۈمچى ئايرودرومى قاتارلىق 12 ئاساسلىق ئايرودروم ياسالدى، ئۈرۈمچى ئايرودرومى ئېلىمىزدىكى 6 چوڭ خەلقئارا ئايرودرومنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. 50 يىلدىن بۇيان ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە يېڭىلاش - ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشلىرى ئارقىلىق زور بىر تۈركۈم ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى كۆپەيدى، ئۇلارنىڭ ئاساسلىقلىرى مۇنۇلار: كۆمۈر قېزىش ئىقتىدارى 17

مىليون توننا، نېفىت ئېلىش ئىقتىدارى 24 مىليون 330 مىڭ توننا، توك چىقىرىش گېنېراتورلىرىنىڭ سىغىمى 3 مىليون 670 مىڭ كىلوۋات، چويۇن ئېرىتىش ئىقتىدارى 1 مىليون 360 مىڭ توننا، پولات تاۋلاش ئىقتىدارى 680 مىڭ توننا، سېمونت ئىشلەش ئىقتىدارى 9 مىليون 460 مىڭ توننا، بىرىكمە ئاسىياڭ ئىشلەش ئىقتىدارى 830 مىڭ توننا، يېڭىدىن 2646 كىلومېتىر تۆمۈريول مۇساپىسى، 26 مىڭ 600 كىلومېتىر تاشيول كۆپەيدى، پاختا توقۇمىچىلىق ئۇرچۇقى 1مىليون 325 مىڭ 400، ماشىنىدا قەنت ئىشلەش ئىقتىدارى 677 مىڭ 500 توننا. ئۆي - زېمىن كەسپى يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ تېز تەرەققىي قىلدى. 1985 — 1999 - يىلغىچە ئۆي - زېمىن تەرەققىياتى ئۈچۈن 12 مىليارد 509 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 8 مىليون 789 مىڭ كۋادرات مېتىر ئۆي - ئىمارەت پۈتكۈزۈلدى.

قاتناش، پوچتا - تېلېگراف ئىشلىرى تېز تەرەققىي قىلدى. شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، قاتناش لىنىيىسى ئۇزۇن. ئازادلىقتىن ئىلگىرى شىنجاڭدا تۆمۈريول يوق ئىدى، تاشيول ئاران 3361 كىلومېتىرغىلا يېتەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممىسى شېغىل يول ئىدى. 50 يىلدىن بۇيان شىنجاڭنىڭ قاتناش، پوچتا - تېلېگراف قۇرۇلۇشى تېز تەرەققىي قىلدى. تاشيول جەھەتتە، ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان 7 دۆلەت يولى ئاساسىي گەۋدە قىلىنىپ، شەرقتە گەنسۇ، چىڭخەيلەرگە تۇتىشىدىغان، غەربتە ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىياغا، جەنۇبتا شىزاڭغا بارىدىغان، ئاپتونوم رايوندا 70 نەچچە ئۆلكە يولى ئۆز ئارا تۇتاشقان، بارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە ۋە 95% يېزا - بازارغا تۇتىشىدىغان تاشيول قاتناش تورى شەكىللەندى. 1999 - يىلى ئاپتوموبىل قاتنىغان تاشيول مۇساپىسى 33 مىڭ 500 كىلومېتىرغا يېتىپ، 1949 - يىلدىكىدىن 9.75 ھەسسە كۆپەيدى. تۆمۈريول جەھەتتە، لەنجۇ — شىنجاڭ تۆمۈريولى، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولىدىن ئىبارەت 2 غول لىنىيىنىڭ پۈتۈشى بىلەن شىنجاڭدا تۆگە، ئېشەك بىلەن سەپەر قىلىش تارىخىغا خاتىمە بېرىلدى؛ شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ غەربكە ئۇزارتىلىشى بىلەن ئاسىيا — ياۋروپا 2 - قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى تۇتاشتۇرۇلدى؛ لەنجۇ — شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ قوش لىنىيىلەشتۈرۈلۈشى نەتىجىسىدە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى چەكلەپ تۇرىدىغان بوغما ھالەت زور دەرىجىدە ئازايدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولىدا كورلىدىن قەشقەرگىچە تولۇق رېلىس يانقۇزۇلۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشى ئۈچۈن ئاساس سېلىندى. 1999 - يىلغا كەلگەندە تۆمۈريول ترانسپورت مۇساپىسى 3008 كىلومېتىرغا يېتىپ، 1978 - يىلدىكىدىن 1978 كىلومېتىر كۆپەيدى. خەلق ئاۋىئاتسىيىسى جەھەتتە، ئۈرۈمچى مەركەز قىلىنغان ھالدا، دۆلەت ئىچىدە 40 شەھەرگە، ئاپتونوم رايون ئىچىدە 12 ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)كە شۇنىڭدەك شياڭگاڭ ۋە 6 خەلقئارا شەھەرگە تۇتىشىدىغان كۆك ئاسمان يىپەك يولى تورى شەكىللىنىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن قانات بولدى. 1999 - يىلى ئاۋىئاتسىيە قاتناش مۇساپىسى 141 مىڭ 900 كىلومېتىرغا يەتتى. تۇرۇبا ترانسپورت لىنىيىسى نېفىت سانائىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ تەدرىجىي ئۇزاردى، تۇرۇبا ئارقىلىق نېفىت توشۇش مۇساپىسى 2496 كىلومېتىرغا يەتتى. 1999 - يىلى ھەرخىل ترانسپورت شەكىللىرى ئارقىلىق توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 60 مىليارد 294 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يېتىپ، 1978 - يىلدىكىدىن 4.64 ھەسسە، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 27 مىليارد 74 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا يېتىپ، 9.73 ھەسسە ئاشتى. پوچتا - تېلېگراف، خەۋەر - ئالاقە جەھەتتە، شىنجاڭدا پۈتۈن شىنجاڭنى قاپلىغان ئوپتىك كابېل غول لىنىيىسى بەرپا قىلىندى، ئاسىيا - ياۋروپا ئوپتىك كابېل قۇرۇلۇشىنىڭ شىنجاڭ بۆلىكى پۈتتى؛ پوچتا - تېلېگراف خەۋەر - ئالاقىسى جەھەتتە ماھىيەتلىك سەكرەش ئىشقا ئاشتى، ئۇزۇن يوللۇق يەتكۈزۈش ئاپتوماتلاشتى، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون لىنىيىسى رەقەملەشتى، تېلېفون كوممۇتاتورى پروگراممىلاشتى. 1999 - يىلى 96% يېزا - كەنتكە تېلېفون تۇتاشتۇرۇلدى، شەھەر تېلېفونى 1 مىليون 67 مىڭغا، يېزا تېلېفونى 408 مىڭغا يەتتى، تېلېفوننىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 1978 - يىلدىكى 0.8% تىن 9.5% كە ئۆستى. پروگراممىلىق كوممۇتاتور، ئوپتىك كابېل خەۋەر - ئالاقىسى، رەقەملىك خەۋەر - ئالاقە شىنجاڭنىڭ خەۋەر - ئالاقە تورىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىگە ئايلاندى؛ سىمسىز چاقىرىش، كۆچمە خەۋەر - ئالاقە، كومپيۇتېر ئىنتېرنېت تورى قاتارلىق يۇقىرى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تېز تەرەققىي قىلدى.

ئاۋات، جانلىق خېرىدارلار بازىرى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن ئىلگىرى شىنجاڭ بازارلىرىدا تەمىنلەش ئۇزۇن مەزگىل جىددىي بولۇش ھالىتىدە تۇرۇپ كەلگەنىدى، تاۋار مەنبەسى ناھايىتى كەمچىل ئىدى، نۇرغۇن تاۋارلار بولۇپمۇ تۇرمۇش ئىستېمال بۇيۇملىرى بېلەتلىك تەمىنلىنەتتى، ھەرخىل بېلەت ۋە كىمىنىشكا 100 خىلدىن ئاشاتتى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن كېيىن، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ۋە بازار سىستېمىسىنىڭ مۇكەممەللىشىشىگە ئەگىشىپ، بازاردىكى تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدا تۈپ ئۆزگىرىش بولدى، تاۋارلاردا تەمىنلەش ئېھتىياجنى قاندۇرالمايدىغان ئەھۋال ئاساسەن تۈگىدى، بۇنىڭ بىلەن ساتقۇچىلار بازىرىدىن خېرىدارلار

بازىرىغا ئۆتۈش دەسلەپكى قەدەمدە ئەمەلگە ئاشتى. 50 يىلدىن بۇيان بازاردا تاۋار مەنبەسى يېتەرلىك بولدى، تاۋار خىللىرى كۈندىن - كۈنگە كۆپەيدى، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 1999 - يىلى 34 مىليارد 740 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1950 - يىلدىكىدىن 157 ھەسسە، يىللىق ئوتتۇرىچە 10.9% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1979 — 1999 - يىلغىچە يىللىق ئوتتۇرىچە 14.1% تىن ئېشىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن ئىلگىرىكى 28 يىلدىكىدىن (1950 — 1978 - يىلغىچە) 5.5 پىرسەنت پونكىتى تېز بولدى. تاۋار تىجارىتى شەكلى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاندى، تاللا بازار، تەكشى باھالىق ماگىزىن، مونوپول تىجارەت دۇكىنى، زەنجىرسىمان ماگىزىن، مال سېتىۋېلىش مەركىزى، چوڭ تىپتىكى ئۇنىۋېرسال سودا سارىيى قاتارلىقلار بەس - بەس بىلەن بارلىققا كەلدى، توپ تارقىتىش، پارچە سېتىش بازىرى تورى شەكىللىنىشكە باشلىدى، شەھەر - يېزا سودا بازارلىرىدا سودا قىلىنىدىغان ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرى پارچە سېتىلىش سوممىسىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئىگىلىدى.

ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەش ئىقتىدارى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى. مالىيە كىرىمى زور ھەجىمدە ئاشتى. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يەرلىك مالىيە كىرىمى 7 مىليارد 477 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1950 - يىلدىكىدىن 335 ھەسسە، يىللىق ئوتتۇرىچە 12.6% تىن ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1979 — 1999 - يىلغىچە يەرلىك مالىيە كىرىمى يىللىق ئوتتۇرىچە 11.8% تىن ئاشتى؛ مالىيە چىقىمى قۇرۇلمىسى ئۈزلۈكسىز سەرخىللاشتى، يېزا ئىگىلىكى، پەن - تېخنىكا، مەھىيە، مائارىپ چىقىمى قاتارلىق نۇقتىلىق چىقىملار ئاساسەن كاپالەتكە ئىگە قىلىندى. پۇل مۇئامىلىنىڭ تەڭشەش - تىزگىنلەش ئىقتىدارى كۆرۈنەرلىك ئاشتى. 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇق سوممىسى 154 مىليارد 872 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1978 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىدىن 47.3 ھەسسە، تۈرلۈك قەرز پۇللارنىڭ قالدۇق سوممىسى 138 مىليارد 678 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 75 ھەسسە ئاشتى؛ پۇل مۇئامىلە كەسپىدە ئەنئەنىۋى كرېدىت كەسپىدىن باشقا پۇل مۇئامىلە زايومى، پۇل مۇئامىلە مەبلىغى، ئىناۋەتلىك ھاۋالە مەبلەغ، پاي فوندى سودىسى، چەت ئەل قەرز پۇلى ۋە تاشقى پېرېۋوت كەسپىمۇ تەرەققىي قىلدى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان، شىنجاڭ تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى بىلەن مال باھاسىنىڭ ئۆسۈشىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ئىقتىسادىي تۇرمۇشتىكى ھەرخىل زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى ئۈزلۈكسىز تۈگەتتى، بولۇپمۇ 1993 - يىلدىن كېيىن، شىنجاڭدا داۋاملىشىپ قوزغالغاندىن بۇيان بىرقېتىملىق ئەڭ ئېغىر پۇل پاخاللىقى يۈز بەرگەندە، ئاپتونوم رايون بويىچە تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسىنىڭ ئۆرلەش ھەججىمى 1994 - يىلى 25.8% كە چىقىپ كەتكەنىدى، شىنجاڭ بۇنى 1999 - يىلى 3.8% كە چۈشۈرۈپ، ئىقتىسادنىڭ راسا ئۆرلەپ، بىردىنلا تۆۋەنلەپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئىقتىسادنىڭ «يۇمشاق چۈشۈشى»نى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلگە ئاشۇردى.

شەھەرلىشىشنىڭ تەرەققىيات قەدىمى تېزلەشتى. داۋاملىشىپ يېڭى قۇرۇلغان مەزگىلدە شىنجاڭدا پەقەت ئۈرۈمچى شەھىرىلا بار ئىدى. 50 يىللىق تەرەققىيات ئارقىلىق، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان، شەھەر - بازار قۇرۇلۇشى ۋە شەھەرلىشىش قەدىمى زور دەرىجىدە تېزلەشتى. 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە شىنجاڭدا ۋىلايەت دەرىجىلىك شەھەر 2 گە يەتتى، ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق شەھەردىن بىرى بار بولدى، ناھىيە دەرىجىلىك شەھەر 16 گە يەتتى، 186 بازار قۇرۇلدى؛ ئاپتونوم رايون بويىچە غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 6 مىليون 253 مىڭ 300 بولۇپ، بۇنىڭ ئومۇمىي نوپۇستا ئىگىلىگەن نىسبىتى 1978 - يىلدىكى 27% تىن 1999 - يىلى 35.2% كە ئۆستى. شەھەر جامائەت ئىشلىرى مۇئەسسەسىلىرى كۈندىن - كۈنگە مۇكەممەللەشتى، شەھەر قىياپىتى زور دەرىجىدە ئۆزگەردى. مەركىزىي شەھەرلەرنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى كۆرۈنەرلىك ئاشتى. 1999 - يىلى 19 شەھەرنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ 57.2% نى ئىگىلىدى، مەركەز شەھەر ئۈرۈمچى 1 مىليون 500 مىڭ نوپۇسقا ئىگە بولغان، شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت مەركىزى بولغان چوڭ شەھەرگە ئايلاندى. قاراماي، شىخەنزە، كورلا، غۇلجا، كۈيتۇڭ، قەشقەر قاتارلىق مەركىزىي شەھەرلەرنىڭ شۇ جاينىڭ ئىقتىسادىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى رولى بارغانسېرى زورايدى. رايونلاردا كەسپلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى كۈندىن - كۈنگە مۇۋاپىقلىشىپ، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئۇنىۋېرسال ئىقتىسادىي بەلۋاغ يۈلەنچۈك، تۆمۈريول ۋە تاشيول غول لىنىيىسى تايانچ، رايون خاراكتېرلىك ئىقتىسادىي مەركىزىي شەھەرلەر تايىنىش نۇقتىسى قىلىنغان، رايونلار ئىقتىسادىنىڭ تەڭكەش تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ۋە تۈرتكە بولىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى.

## 4. ئىشكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى

ئومۇميۈزلۈك ئېچىۋېتىش ئەندىزىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. شىنجاڭ 8 دۆلەت بىلەن چېگرىلىنىدىغان بولغاچقا، تاشقى سودىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئۆزگىچە

جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىككە ئىگە. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، «ئىشىكنى ئومۇميۈزلۈك ئېچىۋېتىش، غەربكە مايىل بولۇش، سىرتتىن كىرگۈزۈش ئىچكى جەھەتتە بىرلىشىش، شەرق بىلەن بىرلىشىپ غەربكە چىقىرىش» فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇلۇش ئارقىلىق، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە چېگرا رايوننى ئالدىنقى سەپ قىلىش، تۆمۈريول لىنىيىسىنى ئارقا تىرەك قىلىش، «ئىككى لىنىيە» (چېگرا لىنىيىسى، تۆمۈريول لىنىيىسى) دىكى شەھەرلەرنى ئېچىۋېتىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىش، نۇقتا بىلەن لىنىيىنى بىرلەشتۈرۈش، نۇقتا ئارقىلىق دائىرىنى يېتەكلەش، شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ ئىشىكنى ئومۇميۈزلۈك ئېچىۋېتىشىگە تەسىر كۆرسىتىش ۋەزىيىتى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى، بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ ئۇزاقتىن بېكىنمە، يېرىم بېكىنمە ھالەتتە تۇرۇپ كەلگەن ئەھۋال تەدرىجىي ئۆزگەردى. نۆۋەتتە شىنجاڭدا 58 ناھىيە (شەھەر) سىرتقا ئېچىۋېتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە چېگرا بويىدىكى 33 ناھىيە (شەھەر) نىڭ ھەممىسى ئېچىۋېتىلدى، 6 شەھەردە، چېگرا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونى، ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى (بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى دۆلەت دەرىجىلىك ئىقتىساد تەرەققىيات رايونى) قۇرۇلدى؛ 16 پورت سىرتقا ئېچىۋېتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئايرىپورت 2، قۇرۇقلۇق پورتى 4.

تاشقى سودا ئۆردا ئاشتى. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 1 مىليارد 765 مىليون دوللارغا يېتىپ، 1978 - يىلدىكىدىن 2. 74 ھەسسە، يىلىغا ئوتتۇرىچە %8. 22تىن ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 1 مىليارد 27 مىليون دوللارغا يېتىپ، 7. 108 ھەسسە، ئىمپورت سوممىسى 738 مىليون دوللارغا يېتىپ، 4. 51 ھەسسە ئاشتى. 1979 — 1999 - يىلغىچە بولغان ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 13 مىليارد 517 مىليون دوللارغا يېتىپ، ئىلگىرىكى 28 يىلدىكى (1950 — 1978 - يىلغىچە) دىن 2. 19 ھەسسە ئاشتى. تاشقى سودا ئېكسپورت قىممىتىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 1978 - يىلدىكى %4. 0 تىن 1999 - يىلى %1. 7كە ئۆستى. ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى خېلى ياخشىلاندى. 1999 - يىلغا كەلگەندە، سانائەت تەييار مەھسۇلاتلىرى ئېكسپورت مىقدارىنىڭ ئومۇمىي ئېكسپورت مىقدارىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى %6. 77كە يېتىپ، 1981 - يىلدىكىدىن 5. 65 پىرسەنت پوئىنتى ئاشتى، باشلانغۇچ مەھسۇلاتلارنىڭ ئېكسپورت نىسبىتى زور ھەجىمدە تۆۋەنلىدى. يەرلىك سودا ۋە چېگرا سودىسى بىردىنلا مەيدانغا كەلدى. 1999 - يىلى شىنجاڭ بىلەن ئەتراپتىكى دۆلەتلەرنىڭ ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسى 1 مىليارد 23 مىليون دوللارغا يېتىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسىنىڭ %58نى ئىگىلىدى. تاشقى سودا بازىرى كۈندىن - كۈنگە كۆپ مەنبەلەشتى. شىنجاڭ بىلەن ئىقتىسادىي سودا ئالاقىسى بار دۆلەت ۋە رايون 80 دىن ئاشتى. «شىنجاڭنى دۇنياغا تونۇتۇش، شىنجاڭنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش» ئۈچۈن، 1992 - يىلدىن باشلاپ شىنجاڭدا ئۆردا 8 قېتىم ئۈرۈمچى تاشقى ئىقتىساد - سودا يەرمەنكىسى ئۆتكۈزۈلدى، بۇ شىنجاڭنىڭ تاشقى ئىقتىساد - سودا جەھەتتىكى تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى.

چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىشتا خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. شىنجاڭ 1980 - يىلدىن ئېتىبارەن چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىشقا باشلىدى، 1999 - يىلغا كەلگەندە ئىمزالانغان چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش توختامىدىكى سوممىسى 3 مىليارد 566 مىليون دوللارغا يەتتى، ئەمەلىيەتتە 2 مىليارد 546 مىليون دوللار چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە چەت ئەل سودىگەرلىرى بىۋاسىتە سالغان مەبلەغ 344 مىليون دوللار. چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىدىن 447 سى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئېكسپورت سوممىسى ئاپتونوم رايون بويىچە ئېكسپورت سوممىسىنىڭ %9. 3نى ئىگىلىدى. 1980 - يىلى قۇرۇلغان شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» يۇڭ توقۇمىچىلىق پاي چەكلىك شىركىتى جۇڭگودىكى ئەڭ بالدۇر قۇرۇلغان جۇڭگو - چەت ئەل شېرىكچىلىك كارخانىسى، شۇنداقلا جۇڭگو توقۇمىچىلىق ساھەسىدىكى جۇڭگو - چەت ئەل شېرىكلەشكەن تۇنجى كارخانا. تاشقى قۇرۇلۇش ھۆددىگەرلىكى، ئەمگەك مۇلازىمەت ھەمكارلىقى ۋە چېگرا سىرتىغا مەبلەغ سېلىش جەھەتتە مۇئەييەن نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

خەلقئارا ساياھەتچىلىك جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. شىنجاڭنىڭ ئۆزگىچە تەبىئىي مەنزىرىسى ۋە رەڭگارەڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلدى. 1978 - يىلى شىنجاڭ خەلقئارا ساياھەتچىدىن ئاران 88 نى كۈتۈۋالغانىدى؛ 1999 - يىلغا كەلگەندە شىنجاڭ كۈتۈۋالغان خەلقئارا ساياھەتچى 223 مىڭ 800 گە يەتتى. 1978 — 1999- يىلغىچە 2 مىليون 140 مىڭ خەلقئارا ساياھەتچى كۈتۈۋېلىندى، يەنى يىلىغا ئوتتۇرىچە %3. 45 تىن كۆپەيدى؛ خەلقئارا ساياھەتچىلىك كىرىمى 489 مىليون دوللارغا يېتىپ، يىلىغا ئوتتۇرىچە %1. 43تىن ئاشتى. 1992 - يىلدىن بۇيان ساياھەت قىلغاچ مال سېتىۋېلىش، چېگرا ئاھالىلىرى بازىرىنىڭ كۈنسايىن شىنجاڭنىڭ تاشقى سودىسىنىڭ ئورگانىك تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى. 1999 -

يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، شىنجاڭدا چەتكە چېتىشلىق مېھمانخانىدىن 176 سى، ھەرخىل ئىچكى ۋە خەلقئارا ساياھەت كوپىراتىپىدىن 83ى، تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدىن 20 سى، ئۇقتىلىق مەنزىرە رايونى ۋە ئېكسكۇرسىيە نۇقتىسىدىن ئاز كەم 300ى بار بولدى.

## 5. شەھەر - يېزا خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى

ئاھالىلەرنىڭ كىرىمى ھەسسىلەپ كۆپەيدى. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىم 5428 يۈەنگە يەتتى، باھا ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە، ئەمەلىيەتتە 1978 - يىلدىكىدىن 1.8 ھەسسە، يىلىغا ئوتتۇرىچە 6% تىن ئاشتى؛ دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1473 يۈەنگە يەتتى، باھا ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە، ئەمەلىيەتتە 3 ھەسسە، يىلىغا ئوتتۇرىچە 8% ئاشتى. 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ قالدۇقى 82 مىليارد 468 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1978 - يىلدىكىدىن 116.8 ھەسسە ئاشتى، ئوتتۇرىچە ئامانەت پۇلى 1978 - يىلدىكى 57 يۈەندىن 1999 - يىلى 4646 يۈەنگە يېتىپ، 80.5 ھەسسە ئاشتى؛ ئاھالىلەرنىڭ ئائىلە مال - مۈلكىنىڭ كۆلىمى ئۈزلۈكسىز زورايدى، مال - مۈلۈك قۇرۇلمىسى كۈندىن - كۈنگە كۆپ مەنبەلەشتى، ئامانەت پۇلدىن باشقا، پاي چېكى، زايوم قاتارلىق قىممەتكە ئىگە ئاكسىيە، جەمئىيەتتىن توپلانغان مەبلەغ كىشىلەرنىڭ قولىدىكى نەق پۇل قاتارلىقلار ئاھالىلەر مال - مۈلكىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالدى.

شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇش سۈپىتى كۆرۈنەرلىك ئۆستى. شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئومۇمىي تۇرمۇشى كىيىم پۈتۈن، قورساق توق بولۇشتىن، تەدرىجىي ھالدا ھاللىق سەۋىيىگە قاراپ ئىلگىرىلىدى، ئىستېمال قۇرۇلمىسى ئۈزلۈكسىز سەرخىللاشتى، ئىستېمال ھەرىكىتى ئىلگىرىكى مىقدارنى كۆپەيتىشتىن سۈپەتنى ئۆستۈرۈشكە قاراپ بۇرۇلدى. 1999 - يىلى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئېنگىر كوئېففىتسېنتى 39.5% بولۇپ، 1980 - يىلدىكىدىن 17.8 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى؛ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئېنگىر كوئېففىتسېنتى 1980 - يىلدىكى 59.5%تىن يۇقىرى بولۇشتىن 1999 - يىلى 53.5%كە تۆۋەنلەپ، 6 پىرسەنت پوئىنتى چۈشتى. يېمەكلىك ئىستېمالى نوقۇل ياشاش ئۈچۈنلا بولىدىغان ئىستېمالدىن قۇۋۋەتلىك، قۇلاي، تېز، ساغلاملىق ئىستېمالىغا ئۆتۈش يۈزلىنىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلدى. كىيىم - كېچەك ئىستېمالى بەدەننى ياپىدىغان، سوغۇقتىن مۇداپىئە كۆرىدىغان، چىداملىق كىيىم - كېچەك ئىستېمالىدىن ئازادە، كۆركەم، خاسلىققا ئىگە بولغان، مودا كىيىم - كېچەكلەر ئىستېمالىغا قاراپ بۇرۇلدى؛ لازىمەتلىكلەر ئىستېمالى ئىشلىتىشكە يارامىلىق بولۇشقىلا ئەھمىيەت بېرىشتىن لازىمەتلىكلەرنىڭ كۆپ قاتلاملىق، كۆپ ئىقتىدارلىق بولۇشنى كۆزلەشكە قاراپ تەرەققىي قىلدى، چىداملىق ئىستېمال بۇيۇملىرى ۋېلسىپىت، كىيىم تىكىش ماشىنىسى، قول سائىتى، رادىئو قاتارلىق ئەنئەنىۋى «تۆت چوڭ بۇيۇم»دىن رەڭلىك تېلېۋىزور، توڭلاتقۇ، كىر ئالغۇ، گورۇپپىلاشتۇرۇلغان ئاۋاز ياڭراتقۇ قاتارلىق «تۆت چوڭ بۇيۇم»غا ئۆتتى، ئاساسلىق ئائىلە ئېلېكتر ئىستېمال بۇيۇملىرى شەھەرلەردە ئاساسىي جەھەتتىن ئومۇملاشتى ھەمدە يېڭى بىر نۆۋەتلىك ئەۋلاد يېڭىلىنىش باشلاندى، يېزىلاردا چىداملىق ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ مىقدارىمۇ تېز كۆپەيدى. شەھەر - يېزىلاردا ئولتۇراقلىشىش شارائىتى يەنىمۇ ياخشىلاندى. شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 1980 - يىلدىكى 5.42 كۋادرات مېتىر ۋە 7.8 كۋادرات مېتىردىن 1999 - يىلى 14.6 كۋادرات مېتىر ۋە 16.9 كۋادرات مېتىرغا ئۆرلىدى. ئىمارەتلىكتىن قۇتۇلۇپ بېيىش قەدىمى تېزلەشتى. 20 يىلدىن بۇيان يېزىلاردىكى نوپۇسنىڭ نامراتلىق نىسبىتى 1979- يىلدىكى ئۈچتىن بىردىن 1999 - يىلى 10% ئەتراپىغا چۈشتى. يېزىلاردا ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش دەرىجىسى 70%تىن ئاشتى، شەھەرلەردە ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى.

## 6. تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلار ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلدى

نوپۇسنى تىزگىنلەش خىزمىتىدە غايەت زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. 1975 - يىلدىن بۇيان شىنجاڭدا دۆلەتنىڭ پىلانلىق تۇغۇتتىن ئىبارەت تۈپ سىياسىتى زوركۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىندى، بولۇپمۇ 1982 - يىلى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش سىياسىتىگە دائىر تەشۋىقات - تەربىيە باشلانغاندىن بۇيان ئىسلاھاتتىن ئىلگىرىكى نوپۇس ئېغىر دەرىجىدە تىزگىنسىز قالغان ۋەزىيەت ئۆزگەرگەن - كېسەل ئۆزگەردى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن ئىلگىرىكى 1957 — 1977 - يىلغىچە بولغان 20 يىلدا شىنجاڭنىڭ نوپۇسى 5 مىليون 580 مىڭ 100 دىن شىددەت بىلەن كۆپىيىپ 12 مىليون 89 مىڭ 700 گە يېتىپ، يىلىغا ئوتتۇرىچە 3.94%تىن كۆپەيدى؛ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن كېيىن شىنجاڭنىڭ نوپۇسى 1978 - يىلدىكى 12 مىليون 330 مىڭ 100 دىن 1999 - يىلى 17 مىليون 750 مىڭغا يېتىپ، يىلىغا ئوتتۇرىچە 1.75% تىن كۆپەيدى. پىلانلىق تۇغۇت

يولغا قويۇلغاندىن بۇيان شىنجاڭدا 8 مىليون 500 مىڭ نوپۇس ئاز تۇغۇلدى. نوپۇسنىڭ ئومۇمىي مەدەنىيەت ساپاسى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستى. ھەر 100 مىڭ نوپۇس ئىچىدە ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى مەكتەپلەردە ئوقۇغانلار 1964 - يىلدىكى 64 تىن 1995 - يىلى 1087 گە يېتىپ، 16 ھەسسە كۆپەيدى؛ ساۋاتسىز، چالا ساۋاتلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇستا ئىگىلىگەن نىسبىتى %95. 37 تىن %35. 9كە تۆۋەنلىدى.

پەن - تېخنىكا ئىشلىرى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى. 50 يىلدىن بۇيان شىنجاڭنىڭ پەن - تېخنىكا جەھەتتىكى ئەمەلىي كۈچى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى. 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئاپتونوم رايون بويىچە كەسپىي تېخنىكا خادىمى 440 مىڭغا يېتىپ، 1978 - يىلدىكىدىن 2.4 ھەسسە كۆپەيدى؛ ناھىيىدىن يۇقىرى مۇستەقىل تەتقىقات ئورنى ۋە تەرەققىيات ئاپپاراتى 126 گە، چوڭ، ئوتتۇرا سانائەت كارخانىسى ۋە تېخنىكا يارىتىش ئاپپاراتى 57گە، خەلق باشقۇرۇشىدىكى پەن - تېخنىكا كارخانىسى 500 نەچچىگە يەتتى؛ پەن - تېخنىكا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىم 34 مىڭ 700 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىم ۋە ئىنژېنېر 27 مىڭ 700. 50 يىلدىن بۇيان شىنجاڭدا 6852 تۈرلۈك زور پەن - تېخنىكا نەتىجىسى قولدا كەلتۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1979 - يىلدىن بۇيان قولغا كەلتۈرۈلگەن پەن - تېخنىكا نەتىجىسى 5301 گە يېتىپ، ئىلگىرىكى 30 يىلدىكىنىڭ 3.41 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى؛ 104 تۈر دۆلەتنىڭ مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشتى، جۇڭگو مېرىنوس قويىنى كېڭەيتىش، قۇملۇق تاشيولىنى ياساش تېخنىكىسى قاتارلىق بىر تۈركۈم تۈرلەر خەلقئارا ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى. «ئۈچقۇن» پىلانى، «مەشئەل» پىلانى، «شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش» ئىستراتېگىيىسى قاتارلىق پەن - تېخنىكىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش پىلانى جەھەتتە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، تېخنىكا بازىرى ساغلام راۋاجلاندى. پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئېشىشىدىكى تۆھپە نىسبىتى 80 - يىللاردىكى تەخمىنەن ئۈچتىن بىر بولۇشتىن ھازىر %40كە ئۆستى، سانائەتنىڭ ئېشىشىدىكى تۆھپە نىسبىتى تەخمىنەن %25 بولۇشتىن 90 - يىللاردا %30كە ئۆستى.

مائارىپ ئىشلىرى مۇقىم راۋاجلاندى. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ 1949 - يىلدىكى بىردىن 17گە يەتتى، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 400دىن 55 مىڭغا يەتتى؛ 50 يىلدىن بۇيان 167 مىڭ 900 ئوقۇغۇچى تولۇق كۇرس ۋە مەخسۇس كۇرسنى پۈتتۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە 1979 — 1999 - يىلغىچە مەخسۇس كۇرس ۋە تولۇق كۇرسنى پۈتتۈرگەنلەر 144 مىڭغا يېتىپ، 1949 — 1978 - يىلغىچە بولغان ساندىن 5 ھەسسە كۆپەيدى، ھازىر دوكتور، ماگىستىر يېتىشتۈرۈش نۇقتىسىدىن 94ى بار؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىدىكى ئوقۇغۇچى 2000 دىن 93 مىڭ 400 گە يەتتى؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم، كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرىدىكى ئوقۇغۇچى تولۇق ئوتتۇرا باسقۇچىدىكى مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ %47ىنى ئىگىلىدى؛ ئاساسى مائارىپى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى، 9 يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى ئىشقا ئاشقان ناھىيە (شەھەر، رايون) 43 كە يەتتى؛ ھەرخىل چوڭلار مائارىپى يەنىمۇ راۋاجلاندى، كەسپىي تېخنىكا جەھەتتىن ئوقۇتۇشنىڭ كۆپ قاتلاملىق، كۆپ شەكىللىك سىستېمىسى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى؛ ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپىنىڭ نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولدى. 1999 - يىلى تۈرلۈك مەكتەپلەردىكى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىسى 2 مىليون 551 مىڭ 200 گە يېتىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىنىڭ %67ىنى ئىگىلىدى. ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىدە زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. 20 يىلدىن بۇيان 2 مىليون 430 مىڭ ئادەمنىڭ ساۋاتى چىقتى، ياشلار ۋە قۇرامىغا يەتكەنلەرنىڭ ساۋاتسىزلىق نىسبىتى %2 تىن تۆۋەن بولدى.

مەدەنىيەت - سەنئەت ئىشلىرى گۈللەپ ياشنىدى. شىنجاڭنىڭ مەدەنىيىتى ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى ئاجايىپ رەڭدار بىر گۈل، ھەر مىللەت خەلقى مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە رەڭدار شىنجاڭ مەدەنىيىتىنى ياراتتى. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 88 سەنئەت ئۆمىكى، 108 مەدەنىيەت يۇرتى، سەنئەت سارىيى، 79 كۇتۇپخانا، 23 مۇزېي، 140 ئارخىپخانا، 6 رادىئو ئىستانسىسى، 18 تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بار بولدى؛ ئاپتونوم رايون بويىچە رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %4. 87كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %5. 89كە يەتتى؛ ئەدەبىي ئىجادىيەت مول مېۋە بەردى، ئەدەبىيات - سەنئەت نومۇرلىرى بەس - بەس بىلەن مەيدانغا كەلدى، «تەڭرىتاغدىكى ھەسەن - ھۈسەن»، «مۇقام ئەجدادلىرى» قاتارلىق بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر سەنئەت ئەسەرلىرى مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ «بەش بىر قۇرۇلۇشى مۇكاپاتى»غا ۋە مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ «مەدەنىيەتلىك جۇڭخۇا مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى، چوڭ تىپتىكى ناخشا - ئۇسسۇل — «بىزنىڭ شىنجاڭ ياخشى جاي» پۈتۈن مەملىكەتنى زىل - زىلىگە سالدى، قويۇق مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە بىر تۈركۈم ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى شىنجاڭدىن چىقىپ، دۇنياغا يۈزلەندى؛ «تەڭرىتاغ» كىنو ستۇدىيىسى «ئارتىس بولمايدىغان قىز»، «مەھەممەت ھەققىدە پارالل»، «ۋىجدان» قاتارلىق پۈتۈن مەملىكەتتىكى تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىشىغا

ئېرىشكەن بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر كىنو فىلىملىرىنى ئىشلىدى؛ نەشر قىلىنغان كىتاب، گېزىت، ژۇرناللارنىڭ تۈرى ۋە سانى ھەسسىلەپ كۆپەيدى، گېزىت 1952 - يىلدىكى 4 خىلدىن 1999 - يىلى 98 خىلغا يەتتى. ئاممىۋى خاراكتېرلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش پائالىيىتى كەڭ قانات يايدۇرۇلدى.

سەھىيە ئىشلىرى مۇقىم تەرەققىي قىلدى. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە سەھىيە ئاپپاراتى 6608گە يېتىپ، 1949 - يىلدىكىدىن 121 ھەسسە، 1978 - يىلدىكىدىن 56.1 ھەسسە كۆپەيدى؛ بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا ۋە شىپاخانا 1357 گە يېتىپ، دوختۇرخانا 27.3 ھەسسە، شىپاخانا %4.68 كۆپەيدى؛ كارىۋات 71 مىڭ 400 گە يېتىپ، 1949 - يىلدىكىدىن 102 ھەسسە ۋە 1978 - يىلدىكىدىن %9.23 كۆپەيدى؛ كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 97 مىڭ 500 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 44 مىڭ بولۇپ، 535 ھەسسە ۋە 60.1 ھەسسە كۆپەيدى. يېزىلارنىڭ تېببىي داۋالاش، ساقلىق ساقلاش سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى، ناھىيە، يېزا، كەنتتىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك تېببىي داۋالاش، ساقلىق ساقلاش تورى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى؛ سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتلىرى يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، خېلى مۇكەممەل بولغان شەھەر - يېزا سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش سىستېمىسى شەكىللەندى، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتىدە زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى؛ ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش، مىللىي تېبابەتچىلىك ۋە دورىگەرلىك، تېببىي داۋالاش خىزمىتىدە مىسلىسىز نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى؛ تېببىي داۋالاش سۇغۇرتىسى، يەككە سەھىيە، تېببىي داۋالاش مىگلىغان، ئون مىگلىغان ئائىلىلەرگە كىردى، نوپۇسنىڭ ئوتتۇرىچە كۆزلەنگەن ئۆمرى 1949 - يىلى 30 ياشقىمۇ يەتمەيتتى، 1982 - يىلى 60 ياش ئىدى، ھازىر 65.7 ياشقا يەتتى، كىشىلەرنىڭ ساقلىق ساقلاش ئېڭى كۈچەيدى، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، كېسەل داۋالاشتىن ساقلىق ساقلاش، بەدەننى ساغلاملاشتۇرۇش ۋە جىسمانىي ساپانى ئۆستۈرۈشكە قاراپ يۈزلىنىش ھاسىل قىلىندى.

تەنتەربىيە ئىشلىرىدا كەينى - كەينىدىن ياخشى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. 50 يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايون بويىچە تەنتەربىيە سەۋىيىسى زور دەرىجىدە ئۆستى. شىنجاڭ تەنھەرىكەتچىلىرى خەلقئارا رەسمىي مۇسابىقىلەردە 17 ئالتۇن مېدال، 16 كۈمۈش مېدال، 15 مىس مېدال ئالدى. دۆلەت ئىچىدىكى مۇسابىقىلەردە 340 ئالتۇن مېدال، 234 كۈمۈش مېدال، 230 مىس مېدال ئالدى ھەمدە ئوقيا ئېتىش، قارىغا ئېتىش، ئات ئويۇنى، بوكسىيورلۇق، تاغقا چىقىش قاتارلىق تۈرلەردە دۆلەت ئىچىدە ئالدىنقى ئورۇننى ئىگىلىدى؛ ئاممىۋى تەنتەربىيە پائالىيىتى داغدۇغىلىق قانات يايدۇرۇلدى. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە تۈرلىرى ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولدى، رادىئو گىمناستىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش، كېڭەيتىش پائالىيىتى ۋە ئومۇمىي خەلق ساغلاملىق پائالىيىتى جايلاردا ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ھەرخىل تەنتەربىيە چېنىقىشىغا قاتناشقان نوپۇسنىڭ ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇمىي نوپۇستا ئىگىلىگەن نىسبىتى ئازادلىقنىڭ دەسلەپكىدىكى %3 — %4تىن %35كە ئۆرلىدى، %86 ئوقۇغۇچى دۆلەتلىك تەنتەربىيىدە چېنىقىش ئۆلچىمىگە يەتتى.

ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمى تەدرىجىي ئورنىتىلدى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، شىنجاڭدا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى سىستېمىسىغا ماس كېلىدىغان كۆپ قاتلاملىق ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسى تەدرىجىي ئورنىتىلدى. شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان ياشانغانلار كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى تۈزۈمى تەدرىجىي ئورنىتىلدى، كارخانىلارنىڭ ياشانغانلار كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى كارخانا ئۆزى چىقىم قىلىشتىن جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا يۆتكەلدى. 1999 - يىلنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭ بويىچە شەھەر - بازارلاردىكى 881 مىڭ ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغانلار ئاساسىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى، بۇ ئاپتونوم رايوندىكى ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ %5.29نى ئىگىلەيدۇ. ئاپتونوم رايون بويىچە 49 ناھىيە (شەھەر) دە يېزا ياشانغانلار كۈتۈنۈش ئىجتىمائىي سۇغۇرتىسى خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى، يېزا ياشانغانلار كۈتۈنۈش ئىجتىمائىي سۇغۇرتىسى تورىنىڭ قاپلاش كۆلىمى %10كە يەتتى؛ ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى تۈزۈمى قانۇنلىشىش، قېلىپلىشىش ئىزىغا چۈشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئاز كەم 10 مىڭ كارخانىدىكى 1 مىليون ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىنى بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ سۇغۇرتىغا قاتنىشىش نىسبىتى %95تىن ئاشتى؛ تېببىي داۋالاش سۇغۇرتىسى تۈزۈمى ئىسلاھاتى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلدى، كارخانىلاردىكى ئاساسىي تېببىي داۋالاش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 25 مىڭغا يەتتى؛ ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش تۈزۈمى كۈنسايىن مۇكەممەللەشتى، ئاپەتتىن - قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىنىڭ نەتىجىسى گەۋدىلىك بولدى، 15 شەھەر (ناھىيە) دە ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى تۈزۈمى ئورنىتىلدى.

مۇھىت ئاسراش خىزمىتىدە دەسلەپكى ئۈنۈم ھاسىل

قىلىندى. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن 20 يىلدىن بۇيان ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، مۇھىت ئاسراش خىزمىتى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى. سانائەتتىن بولىدىغان بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش خىزمىتىنىڭ نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولدى. كېرەكسىز گاز، يۇندا، كېرەكسىز نەرسىلەرنىڭ چىقىرىلىشى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەندى، سانائەت يۇندىسىنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىش نىسبىتى %70كە يەتتى، سانائەتتىن چىقىدىغان كېرەكسىز گازنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىش نىسبىتى %87 بولدى. شەھەر مۇھىتىنى ئۈنۈۋېرسال تۈزەشتە مۇئەييەن ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى، شەھەرلەردە گاز ئىشلىتىلىش نىسبىتى %88.4كە يەتتى، شەھەرلەرنىڭ ھاۋا مۇھىتىنىڭ سۈپىتى بەلگىلىك دەرىجىدە ياخشىلاندى. ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش خىزمىتى خېلى تېز تەرەققىي قىلدى، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى ئازادلىقنىڭ دەسلەپكىدىكى %1.03 تىن ھازىر %1.68كە ئۆستى؛ %85 تېرىلغۇ يەر ئورمان بىلەن مۇھاپىزەت قىلىندى؛ شىنجاڭدا 21 تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى قۇرۇلدى، تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنىڭ كۆلىمى شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ %6نى ئىگىلىدى.

## 7. بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش جەھەتتىكى تۆھپە گەۋدىلىك بولدى

بىڭتۇەن 1954 - يىل 10 - ئايدا قۇرۇلغانىدى. 40 نەچچە يىلدىن بۇيان بىڭتۇەندىكى ھەر مىللەت كادىر ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەر يەنئەن نەنىۋەن روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈپ، چېگرىنى قوغداپ، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ ئىگىلىك تىكلەپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ، ئىش كۆرۈپ يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، چېگرا رايونى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن گەۋدىلىك تۆھپە قوشتى. بىڭتۇەن ئىگىلىك تىكلەشنىڭ دەسلەپىدە شىنجاڭ بويىچە تۇنجى تۈركۈمدىكى پولات - تۆمۈر زاۋۇتى، توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، ئېلېكتر ئىستانسىسى، سېمونت زاۋۇتى، كۆمۈر كېنى قاتارلىق سانائەت، كان كارخانىلىرىنى قۇرغانىدى، بۇ كارخانىلار كېيىن يەرلىك ھۆكۈمەتكە ھەقسىز ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايون زامانىۋى سانائىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئاساس سېلىندى.

40 نەچچە يىلدىن بۇيان بىڭتۇەننىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا غايەت زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، ئۇ ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىدا گەۋدىلىك ئورۇننى ئىگىلىدى. 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بىڭتۇەننىڭ نوپۇسى 2 مىليون 420 مىڭ 900 گە يېتىپ، ئاپتونوم رايون نوپۇسىنىڭ %13.6نى ئىگىلىدى؛ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 16 مىليارد 36 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئاپتونوم رايون ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ %13.7نى ئىگىلىدى؛ 1 مىليون 334 مىڭ 700 توننا ئاشلىق ئېلىنىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئېلىنغان ئاشلىقنىڭ %16نى، 612 مىڭ 300 توننا پاختا ئېلىنىپ، %45.4نى، 178 مىڭ 200 توننا ياغلىق دان ئېلىنىپ، %29.5نى، 1 مىليون 604 مىڭ 500 توننا قىزىلچا ئېلىنىپ، %45.3نى ئىگىلىدى. بىڭتۇەننىڭ سانائىتى تېز تەرەققىي قىلدى، پاختا يىپ، پاختا رەخت، فابرىكا قەغىزى ۋە قەغەز پەنەركە، شېكەر قاتارلىق نەچچە 10 خىل سانائەت مەھسۇلاتىنىڭ مىقدارى ئاپتونوم رايون بويىچە شۇ خىلدىكى مەھسۇلاتلار ئومۇمىي مىقدارىنىڭ تەخمىنەن ئۈچتىن بىرىنى ئىگىلىدى. بىڭتۇەن بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 4 مىليارد 989 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئاپتونوم رايوننىڭكىنىڭ %14.4نى، تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 409 مىليون دوللارغا يېتىپ، ئاپتونوم رايوننىڭكىنىڭ %23.2نى ئىگىلىدى. بىڭتۇەن ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. 1999 - يىلى بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە مائاشى 5451 يۈەنگە يەتتى؛ پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە، تەنتەربىيە، مۇھىت ئاسراش قاتارلىق مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى خېلى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى.

ۋاڭ گۈيرۇڭ

## ئاپتونوم رايون بويىچە ئاساسلىق يىللاردىكى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات كۆرسەتكۈچى

| كۆرسەتكۈچ | 1949 | 1955 | 1978 | 1998 | 1999 | 1950 — 1999 - يىلىغىچە جەمئىي | ئاشقىنى (ھەسسە) 1950 — 1999 | ئوتتۇرىچە ئاشقىنى (%) 1950 — 1999 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇس (تۈمەن ئادەم) | 433.34 | 511.78 | 1233 | 1747.35 | 1775 | | 3.1 | 2.9 |
| بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى | 404.24 | 456.73 | 720.1 | 1073.24 | 1087.85 | | 1.69 | 2 |
| كەسپكار (تۈمەن ئادەم) | 197.94 | 254.58 | 491.3 | 680.92 | 694.34 | | 2.51 | 2.5 |
| ئىشچى - خىزمەتچىلەر سانى (تۈمەن ئادەم) | 2.86 | 25.17 | 227.1 | 298.61 | 291.54 | | 100.9 | 9.7 |
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 7.91 | 12.31 | 39.07 | 1116.67 | 1168.55 | 9038.44 | 35.79 | 7.9 |
| 1 - كەسپنىڭ (100 مىليون يۈەن) | 5.12 | 6.7 | 13.97 | 291.05 | 268.50 | 2683.97 | 12.78 | 5.7 |
| 2 - كەسپنىڭ (100 مىليون يۈەن) | 1.74 | 3.21 | 18.35 | 430.73 | 460.72 | 3405.33 | 73.57 | 9.6 |
| 3 - كەسپنىڭ (100 مىليون يۈەن) | 1.05 | 2.40 | 6.75 | 394.89 | 439.33 | 2949.14 | 97.3 | 10.3 |
| تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ (100 مىليون يۈەن) | | | | | | | | |
| جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ | 0.33 | 12.31 | 12.96 | 519.77 | 534.65 | 3695.52 | 1619 | 16.3 |
| بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشنىڭ | 0.33 | 2.62 | 12.96 | 332.1 | 332.74 | 2186.46 | 1007 | 15.2 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | 542.02 | 61.09 | 76.09 | | | | بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىلاش - ئۆزگەرتىشنىڭ |
| | | | | | | | | **يەرلىك مالىيە كىرىم - چىقىمى (100 مىليون يۈەن)** |
| 12.6 | 337.3 | 598.04 | 74.44 | 66.57 | 7.14 | 1.73 | 0.22 | يەرلىك مالىيە كىرىمى |
| 11.9 | 251.4 | 1376.5 | 169.11 | 147.38 | 17.02 | 1.83 | 0.67 | يەرلىك مالىيە چىقىمى |
| | | | | | | | | **دۆلەت بانكىسىنىڭ ئامانەت پۇلى ۋە قەرز پۇلى (100 مىليون يۈەن)** |
| 26.7 | 136458 | | 1364.59 | 1189.01 | 32.07 | 2.72 | 0.01 | ھەرخىل ئامانەت پۇل |
| 24.8 | 63835.5 | | 1276.73 | 1218.43 | 18.26 | 3.41 | | ھەرخىل قەرز پۇل |
| | | | | | | | | **مال باھاسىنىڭ ئومۇمىي كۆرسەتكۈچى (%) (ئالدىنقى يىلدىكى = 100)** |
| 2.9 | 2.83 | | 96.2 | 99.7 | 101.4 | 98.5 | | تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسىنىڭ ئومۇمىي كۆرسەتكۈچى |
| 3.2 | 3.32 | | 97.2 | 100.2 | 101.2 | 98.3 | | ئاھالىلەر ئىستېمال باھاسىنىڭ ئومۇمىي كۆرسەتكۈچى |
| 4.8 | 8.25 | | 80.3 | 89.8 | 103.1 | 96.9 | | يېزا ئىگىلىك - قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش باھاسىنىڭ ئومۇمىي كۆرسەتكۈچى |
| | | | | | | | | **مائاش** |
| 15.5 | 1323 | 2031.21 | 211.86 | 209.69 | 15.94 | 2 | 0.16 | ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاش ئومۇمىي سوممىسى (100 مىليون يۈەن) |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 5.2 | 11.56 | | 7611 | 6867 | 717 | 877 | 606 | ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى (يۈەن) |
| | | | | | | | | خەلق تۇرمۇشى |
| 4.9 | 7.2 | | 1473.17 | 1600.14 | 119.2 | 179.64 | | دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى (يۈەن) |
| 14.4 | 16 | | 5428.91 | 5131.42 | 319 | | | شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆز ئىلكىدىكى كىرىمى (يۈەن) |
| 25.6 | 89637.9 | | 8246782 | 7591389 | 69966 | 6935 | | شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇق سوممىسى (تۈمەن يۈەن) |
| | | | | | | | | يېزا ئىگىلىكى |
| 6.4 | 21.6 | 3754.57 | 461.15 | 499.24 | 20.97 | 9.66 | 5.86 | 1. دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى (100 مىليون يۈەن) |
| | | | | | | | | 2. ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى (تۈمەن توننا) |
| 4.7 | 8.89 | 19564.21 | 838.78 | 830 | 370 | 147.02 | 84.77 | ئاشلىق |
| 11.9 | 275 | 1246.03 | 140.75 | 140 | 5.50 | 2.51 | 0.51 | پاختا |
| 6.3 | 20.1 | 906.4 | 60.46 | 37.52 | 10.33 | 6.84 | 2.87 | ياغلىق دان |
| 19.9 | 8855 | 4245.89 | 354.24 | 513.11 | 16.37 | 0.10 | 0.04 | قىزىلچا |
| 5.4 | 12.6 | 1978.64 | 136.42 | 121.48 | 13.98 | 12.33 | 10.06 | مېۋە - چېۋە |
| 5.7 | 15.1 | 888.24 | 81.36 | 65.28 | 9.65 | 6.69 | 5.06 | گۆش |
| 11.9 | 278 | 61.65 | 5.58 | 5.34 | 0.57 | 0.07 | 0.02 | سۇ مەھسۇلاتلىرى |
| 7.8 | 3.9 | | 814.21 | 770.39 | 166.7 | | | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى (تۈمەن كىلوۋات) |
| | | | | 66.60 | 46.72 | | | سۇ ئامبارلىرىنىڭ سىغىمى (100 مىليون كۇب مېتىر) |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| غول ئېرىق - ئۆستەڭلەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى (كىلومېتىر) | | | | 31117 | | | | |
| ئۈنۈملۈك سۇغىرىش كۆلىمى (تۈمەن گېكتار) | | | 260.7 | 298.36 | 306.54 | | | |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | | | | 245.74 | 273.68 | | | |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ كىرىمى (100 مىليون يۈەن) | | | 3.05 | 245.56 | 274.2 | | 88.9 | 23.9 |
| **سانائەت** | | | | | | | | |
| 1. سانائەت مەھسۇلات قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 0.98 | 4.06 | 33.91 | 758.01 | 802.09 | 6788.51 | 162 | 10.7 |
| 2. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى | | | | | | | | |
| يىپ (تۈمەن تونна) | 0.05 | 0.37 | 2.8 | 22.03 | 29.44 | 280.23 | 587.8 | 14.5 |
| رەخت (100 مىليون مېتىر) | 0.03 | 0.28 | 1.56 | 2.67 | 2.75 | 74.66 | 90.7 | 10.1 |
| يۇڭ يىپ (توننا) | | | 1239 | 1361 | 1349 | 56451 | 8.9 | 0.4 |
| يۇڭ توقۇلما (تۈمەن مېتىر) | | | 189.4 | 979 | 798 | 20156.52 | 3.2 | 3.1 |
| تۇز (تۈمەن توننا) | 1.71 | 2.25 | 51.71 | 27.53 | 36.14 | 2169.16 | 20.1 | 6.3 |
| شېكەر (تۈمەن توننا) | | | 2.08 | 47.59 | 46.36 | 445.93 | 21.3 | 15.9 |
| كۆمۈر (تۈمەن توننا) | 17.98 | 64.55 | 1079 | 2926.9 | 2778.15 | 53237.78 | 153.5 | 10.6 |
| نېفىت (تۈمەن توننا) | 0.35 | 3.29 | 353.1 | 1628.4 | 1739.65 | 20334.08 | 4969 | 19.4 |
| تارقىتىلغان توك (100 مىليون كىلوۋات سائەت) | 0.01 | 0.55 | 21.17 | 157.76 | 169.31 | 1751.28 | 16930 | 22 |
| پولات (تۈمەن توننا) | 0.07 | 0.07 | 8.46 | 107.67 | 105.60 | 993.65 | 1507.6 | 16.9 |
| تەييار پولات ماتېرىيال (تۈمەن توننا) | 0.06 | 0.66 | 6.83 | 116.19 | 117.30 | 918.7 | 1954 | 17.5 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| سېمونت (تۈمەن توننا) | 0.18 | 1.59 | 78.15 | 728.94 | 805.83 | 7518.73 | 4475.8 | 19.6 |
| **ترانسپورت، پوچتا - تېلېگراف ئىشلىرى** | | | | | | | | |
| تۆمۈريول ترانسپورت تىجارەت مۇساپىسى (كىلومېتىر) | | | 1031 | 2038 | 3008.2 | | 1.9 | 5.2 |
| تاشيول مۇساپىسى (كىلومېتىر) | 3361 | 8820 | 23818 | 32762 | 33484 | | 9 | 4.7 |
| ئاۋىئاتسىيە مۇساپىسى (كىلومېتىر) | | 2783 | 4783 | 150473 | 141872 | | 50 | 9.3 |
| نېفىت تۇرۇبىسى مۇساپىسى (كىلومېتىر) | | | 442.8 | 1954.9 | 2496.3 | | 4.6 | 8.6 |
| 1. يۈك ئوبوروت مىقدارى (100 مىليون توننا - كىلومېتىر) | 0.21 | 4.25 | 107 | 553.6 | 602.91 | 7250.41 | 2870 | 17.6 |
| تۆمۈريول | | | 67.76 | 264.2 | 303.60 | 3849.86 | 3.5 | 7.4 |
| تاشيول | 0.21 | 4.25 | 32.06 | 262.8 | 270.50 | 3051.93 | 1287 | 15.7 |
| تورۋبا | | | 7.13 | 25.9 | 28 | 342.78 | 2.9 | 6.7 |
| 2. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى (100 مىليون ئادەم - كىلومېتىر) | 1.68 | 2.54 | 25.23 | 256.9 | 270.90 | 2906.88 | 160.2 | 10.9 |
| تۆمۈريول | | | 13.72 | 76.9 | 81.90 | 1070.86 | 4.97 | 8.9 |
| تاشيول | 1.66 | 2.50 | 10.96 | 149.60 | 157.10 | 1555.03 | 93.6 | 9.7 |
| هاۋا ترانسپورتى | 0.02 | 0.04 | 0.55 | 30.40 | 31.80 | 280.82 | 158 | 16.2 |
| 3. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | 194.6 | 1162.8 | 4743 | 250595 | 347000 | 1334199.5 | 1782 | 16.2 |
| **ئىچكى، تاشقى سودا** | | | | | | | | |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 10.9 | 157.6 | 35340.51 | 347.40 | 327.52 | 21.89 | 6.14 | 2.19 | 1. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (100 مىليون يۈەن) |
| 11.4 | 194.3 | 2350.71 | 275.37 | 257.78 | 12.23 | 3.84 | 1.41 | شەھەر ـ بازار |
| 9.7 | 91.2 | 830.62 | 71.93 | 69.74 | 9.65 | 2.30 | 0.78 | يېزا ـ كەنت |
| 10.3 | 125 | 141.83 | 17.65 | 15.32 | 0.23 | 0.51 | 0.14 | 2. تاشقى سودا ئىمپورت ـ ئېكسپورت سوممىسى (100 مىليون دوللار) |
| 11.1 | 170 | 81.32 | 10.27 | 8.08 | 0.09 | 0.20 | 0.06 | ئېكسپورت سوممىسى |
| 9.7 | 91.2 | 60.51 | 7.38 | 7.24 | 0.14 | 0.31 | 0.08 | ئىمپورت سوممىسى |
| | | 240614 | 14022 | 16225 | | | | 3. ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىلگەن چەت ئەل مەبلىغى (تۈمەن دوللار) |
| | | | | | | | | 4. خەلقئارا ساياھەتچىلىك |
| 44.4 | 2237 | 218.88 | 22.38 | 20.66 | 0.01 | | | ساياھەتچى سانى (تۈمەن ئادەم) |
| 43.1 | 1864.7 | 57134.6 | 8582 | 8246 | 4.6 | | | ساياھەتچىلىكتىن قىلىنغان تاشقى پېرېۋوت كىرىمى (تۈمەن دوللار) |
| | | | | | | | | **مائارىپ** |
| | | | | | | | | مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى (تۈمەن ئادەم) |
| 10.3 | 136.5 | | 5.5 | 4.75 | 1.02 | 0.21 | 0.04 | ئالىي مەكتەپ |
| 8 | 45.7 | | 9.34 | 8.23 | 2.37 | 0.63 | 0.2 | ئوتتۇرا تېخنىكوم |
| 12.5 | 365 | | 106.24 | 95.84 | 80.64 | 2.83 | 0.29 | ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 5.2 | 11.67 | | 250.74 | 250.27 | 202.9 | 38.83 | 19.79 | باشلانغۇچ مەكتەپ |
| | | | | | | | | **سەھىيە** |
| 9.5 | 94.1 | | 6.66 | 6.65 | 3.92 | 0.56 | 0.07 | دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات (تۈمەن دانە) |
| 12.3 | 324 | | 9.75 | 9.76 | 5.11 | 0.63 | 0.03 | سەھىيە تېخنىكا خادىمى (تۈمەن ئادەم) |
| 12.9 | 4.39 | | 4.40 | 4.32 | 1.69 | 0.13 | 0.01 | بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر (تۈمەن ئادەم) |

# سىياسەت

## پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى

### كومىتېت باشلىقى لى پېڭ جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولىدا قاتناش باشلانغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن لېنتا كەستى

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باشلىقى لى پېڭ ئاسىيا، ئافرىقىدىكى ماۋرىتىئۇس قاتارلىق 6 دۆلەتكە قىلغان رەسمىي دوستانە زىيارىتىنى ئاياغلاشتۇرغاندىن كېيىن، 1999 - يىل 12 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى ھەمدە جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولىدا پۈتۈن لىنىيە بويىچە قاتناش باشلاش مۇناسىۋىتى بىلەن لېنتا كېسىش مۇراسىمىغا قاتناشتى. لى پېڭ شىنجاڭدىكى مەزگىلدە ئاپتونوم رايوننىڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلىدى. ئۇ شىنجاڭنىڭ خىزمىتىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى. ئۇ مۇنداق دېدى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا، شىنجاڭدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى، بۇ ئىتتىپاق، مۇقىم بولغان مۇھىتتىن ئايرىلمايدۇ. بىز مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تۇغىنى داۋاملىق ئېگىز كۆتۈرۈپ، شىنجاڭنى تېخىمۇ ياخشى گۈللەندۈرۈشىمىز لازىم. ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: زامانىۋى پەن - تېخنىكىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، يۇقىرى پەن - تېخنىكا ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىگە كىردى. غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، غەربىي رايوننىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، ئوخشاشلا ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، يۇقىرى پەن - تېخنىكىنى قوللىنىشقا ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. يەنە مائارىپنى كۈچەيتىپ، پەن - تېخنىكا ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكىمۇ توغرا كېلىدۇ.

مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى تۆمۈر داۋامەت بىلەن دۆلەت كومىسسارى ئىسمايىل ئەھمەدمۇ لېنتا كېسىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەم ئاپتونوم رايوننىڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلىدى.

لى شياڭدۇڭ

### ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى لى تيېيىڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، ئاكادېمىيە باشلىقى لى تيېيىڭ 1999 - يىل 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە ئىلى، بورتالا، ئالتايلارنى كۆزدىن كەچۈردى. لى تيېيىڭ شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە پەن تەتقىقات خادىملىرى، كادىرلار ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى يوقلىغاندا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: بىز جۇڭگودىكى مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلغاندا، ماركسىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىلا يېتەكچى قىلىمىز، بۇنىڭدا قىلچىمۇ مۈجمەللىك بولماسلىقى كېرەك. ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى يولداشلار يېڭى دەۋردە دۇچ كەلگەن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرگە تېخىمۇ ئاڭلىق يوسۇندا ۋە قەتئىي ئېغىشماي ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن جاۋاب بېرىشى، ئۇلارنى مۇشۇلار ئارقىلىق ھەل قىلىشى كېرەك. «فالۇن گۇمپىسى» مەسىلىسىنىڭ پەيدا بولۇشى ئالدىمىزغا ئىنتايىن جىددىي رېئال تېمىنى قويدى، ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىشنى، كىشىلەرنىڭ مېڭىسىنى ئىلمىي نەزەرىيە ۋە ساغلام ئىدىيە ئارقىلىق قوراللاندۇرۇشنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ. لى تيېيىڭ يەنە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئىدىيىدە يەنىمۇ ئازاد بولۇپ، كۆز قاراشنى ئۆزگەرتىپ، ئىسلاھات قەدىمىنى تېزلىتىش لازىم. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى ئىشقا سېلىپ، كونا ئىشلەپچىقىرىش مېخانىزمىنى تولۇق بۇزۇپ تاشلاپ، ھەرقايسى ساھەلەردە يېڭى

ئىزدىنىش ۋە ئىسلاھاتنى داۋاملىق ئېلىپ بېرىش دېمەكتۇر. كونا مېخانىزمنى بۇزماي، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى بوغۇۋاتقان كونا كۆز قاراشنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ، پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىدا بەلگىلەنگەن نىشانغا يەتكىلى بولمايدۇ.

لى شياڭدۇڭ

## مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى تۆمۈر داۋامەت شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت 1999 - يىل 9 - ئاينىڭ 1 — 2 - كۈنلىرى ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونىنى كۆزدىن كەچۈردى ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى تۈزۈتىش توغرىسىدىكى پىكرىنى ئاڭلىدى. تۆمۈر داۋامەت مۇنداق دېدى: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» دۆلەتنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى نېگىزلىك قانۇنى، ئۇ ئېلان قىلىنغان 15 يىلدىن بۇيان مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشتا ئىجابىي رول ئوينىدى. بىراق ئۇنىڭ بەزى ماددىلىرى نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى، ئۇنى پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھى ۋە «ئاساسىي قانۇن»نىڭ پرىنسىپلىرىغا ئاساسەن تۈزۈتىش ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈشكە تېخىمۇ پايدىلىق.

لى شياڭدۇڭ

## مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى شۇ جيالۇ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى

مەملىكەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى شۇ جيالۇ باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى 1999 - يىل 9 - ئاينىڭ 15 — 23 - كۈنلىرى شىنجاڭدا «مەجبۇرىيەت مائارىپ قانۇنى»نىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى تەكشۈردى. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئۈرۈمچى، قەشقەر، ئىلى قاتارلىق ۋىلايەت، شەھەرلەردە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ۋە مەكتەپلەرگە بېرىپ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار بىلەن سۆھبەتلەشتى. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى يەنە ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر مائارىپ كومىتېتى، پىلان كومىتېتى، مالىيە نازارىتى قاتارلىق تارماقلار ۋە ئۈرۈمچى شەھىرى رەھبەرلىرىنىڭ «مەجبۇرىيەت مائارىپ قانۇنى»نىڭ ئىجرا قىلىنىشى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىدى. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى شىنجاڭ مەجبۇرىيەت مائارىپ جەھەتتە نۇرغۇن چوڭقۇر، ئىنچىكە، جاپالىق خىزمەتلەرنى ئىشلەپ ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلغان، دەپ ھېسابلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ساقلانغان مەسىلىلەرنى كۆرسىتىپ بەردى ھەمدە ئاپتونوم رايوننىڭ ئۇ مەسىلىلەرنى تۈزىتىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، «مەجبۇرىيەت مائارىپ قانۇنى»نى ئىجرا قىلدۇرۇش يولىدا تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلدى.

لى شياڭدۇڭ

## دۆلەت كومىسسارى ئىسمايىل ئەھمەد ئۈرۈمچىنى كۆزدىن كەچۈردى

دۆلەت كومىسسارى ئىسمايىل ئەھمەد 1999 - يىل 8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئۈرۈمچىدە خەلق ئىشلىرى خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇ، ھەر دەرىجىلىك خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى يېڭى ۋەزىيەتتىكى خەلق ئىشلىرى خىزمىتىنىڭ ئورنى، رولى ۋە مۇھىملىقىنى تولۇق تونۇپ، خەلق ئىشلىرى خىزمىتىنىڭ سەۋىيىسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشى كېرەك، دەپ تەكىتلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن خەلق ئىشلىرى خىزمىتىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى، خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرغاندا، خەلق ئىشلىرى خىزمىتىنى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىيىتى يۈكسەكلىكىگە قويۇپ ئويلىشىپ كەلدى. نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتتە، خەلق ئىشلىرى خىزمىتىنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، فۇنكسىيىسىنى كۈچەيتىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى ئېغىر خىزمەت ۋەزىپىلىرى ئالدىدا تىرىشىپ ئىلگىرىلەپ، خەلق ئىشلىرى خىزمىتىنىڭ سەۋىيىسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشى لازىم.

لى شياڭدۇڭ

## مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى چيەن جېڭيىڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى چيەن جېڭيىڭ 1999 - يىل 10 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە ئۆمەك باشلاپ تارىم دەرياسى ۋادىسىنى تۈزەش خىزمىتىنى تەكشۈردى. 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى چيەن جېڭيىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەتتە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: سۇ بايلىقىدىن پايدىلىنىشنىڭ ھەددىدىن زىيادە ۋە تەرتىپسىز بولۇشى — تارىم دەرياسى ۋادىسىدا ساقلىنىۋاتقان ئاساسىي مەسىلە. تارىم

دەرياسى ۋادىسىنى بىر پۈتۈن ئېكولوگىيىلىك سىستېما سۈپىتىدە تەتقىق قىلىش ۋە تۈزەش كېرەك، يېزا ئىگىلىكى تەرەققىياتى بىلەن ئېكولوگىيىلىك بىخەتەرلىكنىڭ، قىسمەن مەنپەئەت بىلەن ئومۇمىي مەنپەئەتنىڭ، يېقىنقى مەنپەئەت بىلەن كەلگۈسى مەنپەئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىش لازىم. تۈزەش تەدبىرلىرىنى كۆرۈشتە، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر، ئالاقىدار ساھەلەر ۋە تارىم دەرياسى ۋادىسىدىكى كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ تارىم دەرياسىنىڭ ئېكولوگىيە كىرىزىسىگە بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈش لازىم؛ ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، سۇدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش، پۈتۈن تارىم دەرياسى ۋادىسىنىڭ بىرلىككە كەلگەن ئۇنىۋېرسال پىلانىنى تۈزۈپ چىقىش، سۇ بايلىقىنى مۇۋاپىق تەقسىملەش ئىشىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىش لازىم؛ يۇقىرى ئېقىمنى تىزگىنلەش، ئوتتۇرا ئېقىمنى ئۆزگەرتىش، تۆۋەن ئېقىمغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش پرىنسىپى بويىچە بەزى سۇ ئىنشائاتلىرىنى قۇرۇش لازىم؛ بىر تۇتاش پىلانلاش ئاساسىدا ئورمان ۋە يېپىنچا ئوت - چۆپلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە بەرپا قىلىش لازىم؛ بىر تۇتاش باشقۇرۇش سالمىقىنى كۈچەيتىپ، مۇناسىپ سىياسەتلەرنى تۈزۈپ، تارىم دەرياسى ۋادىسىنىڭ بىر تۇتاش پىلانىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. ئۇ تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ گوۋۇيۈەنگە تارىم دەرياسىنى تۈزەشنى دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇش پىلانىغا كىرگۈزۈش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

شىن جيەن

## مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جۇ تيېنۇڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جۇ تيېنۇڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى 1999 - يىل 6 - ئاينىڭ 1 — 8 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى، شىخەنزە، تۇرپانلاردا شىنجاڭنىڭ سۇ، تۇپراق بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. جۇ تيېنۇڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىڭتۇەن، سۇچىلىق نازارىتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىدى، ئىلى دەرياسىنىڭ سۇ بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئەھۋالىنى نۇقتىلىق تەكشۈردى، ئىلى ئوبلاستى، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە سۇچىلىق تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن سۆھبەتلىشىپ، شىنجاڭنىڭ سۇ، تۇپراق بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش مەسىلىسى ئۈستىدە پىكىر ئالماشتۇردى.

لى شياڭدۇڭ

## مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ ۋېنيۈەن ئۆمەك باشلاپ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ ۋېنيۈەن مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونىدىكى ئەزالىرىنى باشلاپ، 1999 - يىل 8 - ئاينىڭ 14 — 26 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا مىللىي رايونلارنىڭ ئاساسىي مائارىپ ئەھۋالىنى تەكشۈردى. ۋاڭ ۋېنيۈەن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى قەشقەر، قىزىلسۇ، ئىلى، تۇرپان، سانجى، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئەزالار، شىنجاڭدا ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاساسىي مائارىپى زور تەرەققىياتقا ئېرىشكەن، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ بېرىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش — شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئاچقۇچى دەپ ھېسابلىدى. ۋاڭ ۋېنيۈەن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى يەنە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كەلكۈن ئاپىتى يۈز بەرگەن رايونغا 14 مىڭ 130 يۈەن ئىئانە قىلدى.

لى شياڭدۇڭ

# ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى

## ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن شۇجىلىرى، دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى، باش كاتىپى، مۇئاۋىن باش كاتىپلىرىنىڭ ئىسىملىكى

شۇجى: ۋاڭ لېچۈەن.

مۇئاۋىن شۇجىلار: ئابلەت ئابدۇرىشىت، قېيۇم باھاۋۇدۇن، جاڭ ۋېنيۈ، جۇ شېڭتاۋ، ئەسقەت كەرىمباي (قازاق).

دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى: جۇ يۇڭشۇن، چېن دېمىن، ئابدۇرېھىم ئامىت، ۋۇ دۇنفۇ، خۇ جيايەن (ئايال)، ئىسمايىل تىلىۋالدى، جاڭ شيۇمىڭ، جاڭ چىڭلى، جۇ يەن.

باش كاتىپ: فۇ چياڭ.

مۇئاۋىن باش كاتىپلار: لى يى، مەن زۈجۇ، مۇھەممەت

يۈسۈپ.

ئىزاھات: 1999 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم لى يىنى ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپلىقىغا تەيىنلەشنى، دۆلەت جاۋخېنى ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپلىقىدىن قالدۇرۇشنى قارار قىلدى. 1999 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى مەركىزىي كومىتېت جاڭ يۈچۈەننى ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىدىن، دائىمىي كومىتېت ئەزالىقىدىن، پارتكوم ئەزالىقىدىن قالدۇرۇشنى قارار قىلدى، مەركىزىي كومىتېتنىڭ تەستىقى بىلەن، جۇ يەن ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ ئەزالىقىغا، دائىمىي كومىتېت ئەزالىقىغا تەيىنلەندى؛ 1999 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى مەركىزىي كومىتېت جاڭ چىڭلىنىنى ج ك پ ش ئۇ ئا ر كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا، دائىمىي كومىتېت ئەزالىقىغا تەيىنلەشنى قارار قىلدى. 1999 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم قارار قىلىپ ۋە مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ، ۋۇ دۇنفۇنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم قارار قىلىپ ۋە مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ، جۇ بەننى ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى، چېن دېمىن ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىقىنى ئۆتىمەيدىغان بولدى.

## ش ئۇ ئا ر 5 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 6 ـ ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى

بۇ يىغىن 1999 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 22 — 24 ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىننىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى مۇنۇلاردىن ئىبارەت بولدى: پارتىيە 15 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايوندىكى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات نىشانى، ۋەزىپىلىرىنى ۋە ئاساسىي تەدبىرلەرنى مۇھاكىمە قىلىپ بەلگىلەش، «ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىغا دائىر بىرقانچە مۇھىم مەسىلە توغرىسىدىكى قارارىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ھەققىدىكى پىكرى»نى مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللاش، ئاپتونوم رايوندىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ۋە ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنى ئىدىيىنى يەنىمۇ بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، خىزمەتنى پۇختا ئىشلەپ، باتۇرلۇق بىلەن جاسارەت كۆرسىتىپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىدا تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى يېڭى ئەسىرگە قاراپ ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرىلىتىشكە سەپەرۋەر قىلىش.

ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن «15 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايوندىكى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى» دېگەن تېمىدا مۇھىم سۆز قىلدى. يىغىندا «ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىغا دائىر بىرقانچە مۇھىم مەسىلە توغرىسىدىكى قارارىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ھەققىدىكى پىكرى» مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللاندى.

يىغىنغا ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ ئەزالىرى، كاندىدات ئەزالىرى، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، بىڭتۈەننىڭ رەھبەرلىرى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ بۆلۈملىرى، كومىتېتلىرىنىڭ، ئاپتونوم رايوننىڭ كومىتېتلىرى، ئىشخانىلىرى، نازارەتلىرى، ئىدارىلىرىنىڭ، ئالىي مەكتەپلەر، خەلق تەشكىلاتلىرىنىڭ، ئاپتونوم رايوندىكى چوڭ كارخانىلارنىڭ، بىڭتۈەننىڭ شى، ئىدارىلىرىنىڭ مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق پارتىيە ـ مەمۇرىي مەسئۇللىرى ھەم ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى ئىقتىصاد ـ سودا كومىتېتلىرىنىڭ مۇدىرلىرى قاتناشتى.

ۋاڭ يۇڭپىڭ

## ئاپتونوم رايوندىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر پارتىيە ـ ھۆكۈمەت مەسئۇللىرىنىڭ يىغىنى

بۇ يىغىن 1999 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 2 — 3 ـ كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىننىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى: 1) ئاپتونوم رايوننىڭ نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي خىزمىتىنى مۇھاكىمە قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇش، 2) مەركەزنىڭ فالۇن گۇڭپىسى» مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە ھەل قىلىش خىزمىتى توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىزچىللاشتۇرۇش.

ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىكى بىر قانچە مەسىلە، «فالۇن گۇڭپىسى» مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىجتىمائىي ـ سىياسىي مۇقىملىقىنى قوغداش ئۈستىدە مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: مەركەزنىڭ ئىقتىسادىي خىزمەت توغرىسىدىكى سىياسەت ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشىنى

ئىزچىللاشتۇرۇۋاتقاندا، جايلار ۋە تارماقلار ئۆز ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدىكى تەپەككۇر يولىنى رەتكە سېلىشى كېرەك. جايلار ئۆز ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئالاھىدىلىككە ئىگە يېزا ئىگىلىكىنى يولغا قويۇشى لازىم. دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنىڭ كونكرېت تەدبىر - چارىلىرىنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىش كېرەك. رايونلار، تارماقلار، كەسىپلەر، كارخانىلار ئومۇمىيەت ئېڭىنى تۇرغۇزۇپ بىر - بىرىگە مەدەت، ياردەم بېرىشى، 2 - كەسىپنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرۈشى كېرەك. «فالۇن گۇڭ» مەسىلىسى توغرىسىدا، ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: مەركەزنىڭ لى خۇڭجى ۋە «فالۇن گۇڭ» مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى قارار قىلغانلىقىنىڭ ئەھمىيىتى ئىنتايىن زور، جايلار ۋە تارماقلار مەركەزنىڭ «فالۇن گۇڭ»نى بىر تەرەپ قىلىش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش توغرىسىدىكى بىرقاتار مۇھىم يوليورۇقلىرىنى چوقۇم ئېغىشماي ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىدىيۋى تونۇشنى يەنىمۇ بىرلىككە كەلتۈرۈپ، خىزمەتنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، بۇ كۈرەشنىڭ ئومۇميۈزلۈك غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشى لازىم. مىللىي بۆلگۈنچىلىك - بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىش — شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي - سىياسىي مۇقىملىقىنى قوغداشتا ھەممىدىن مۇھىم، بۇنىڭدىن قىلچە تەۋرىنىشكە بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىجتىمائىي قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرىگە يۈكسەك ئېتىبار بېرىش ۋە ئۇلارنى ھەل قىلىش لازىم.

ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت 1999 - يىللىق ئىقتىسادىي خىزمەت ئۈستىدە مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ ئالدىنقى بىرنەچچە يىللىق ئىقتىسادىي خىزمەتنى يەكۈنلىدى، نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلدى، جايلار ۋە تارماقلاردىن ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، ئىقتىسادىي ھەرىكەت داۋامىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلە ۋە زىددىيەتلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ، تۆرلۈك ئىقتىسادىي خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، بىر يىللىق ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

يىغىنغا ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، بىڭتۇەننىڭ رەھبەرلىرى، ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر قايسى بۆلۈم، كومىتېت، ئىشخانا، نازارەت، ئىدارىلىرىنىڭ، ئالىي مەكتەپلەر، خەلق تەشكىلاتلىرىنىڭ، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ئاساسلىق پارتىيە، مەمۇرىي رەھبەرلىرى، بىڭتۇەننىڭ شى - ئىدارىلىرىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى قاتناشتى.

ۋاڭ يۈچېڭ

## ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلاردىكى نازارەت، ئىدارە دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ مەركەزلىك تۈزەش خىزمىتى سەپەرۋەرلىك يىغىنى

بۇ يىغىن 1999 - يىل 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا 1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق رايونلىرىدا مەركەزلىك تۈزەش، زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا سەپەرۋەرلىك ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلدى.

ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، سىياسىي - قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى جۇ شېڭتاۋ سەپەرۋەرلىك سۆزى قىلدى. ئۇ سۆزىدە نازارەت، ئىدارە پارتكوم (پارتگۇرۇپپا) لىرىدىن بۇ خىزمەتكە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنى ھەقىقىي ياخشى تۇتۇشنى تەلەپ قىلدى.

ۋاڭ يۈچېڭ

## ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ سىياسىي - قانۇن خىزمىتى يىغىنى

بۇ يىغىن 1999 - يىل 1 - ئاينىڭ 13 — 15 - كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا مەملىكەتلىك سىياسىي - قانۇن خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى ۋە ئىزچىللاشتۇرۇلدى، 1998 - يىللىق سىياسىي - قانۇن خىزمىتى يەكۈنلەندى، 1999 - يىللىق سىياسىي - قانۇن خىزمىتىنىڭ ۋەزىپىلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ سۆزىدە، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت ۋە سىياسىي - قانۇن تارماقلىرىدىن ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقنى قوغداشنىڭ مۇھىملىقىنى ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكىنى تولۇق تونۇپ، تۈرلۈك جىنايەتلەرگە قەتئىي زەربە بېرىپ، خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى ۋە دۆلەتنىڭ خەۋپسىزلىكىنى ھەقىقىي قوغداشنى تەلەپ قىلدى.

ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايون رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىتمۇ مۇھىم سۆز قىلدى، ئۇ سۆزىدە، ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، سىياسىي - قانۇن خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى مەسئۇلىيەتچانلىقنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايوننى قەتئىي قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىپ، ئىقتىسادىي جىنايى ھەرىكەتلەرگە قاتتىق زەربە بېرىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ھايات ساھەلىرىنى قانۇنچىلىق يولىغا سېلىش خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتىنى پۈختا قەدەم بىلەن ئىلگىرىلىتىشنى تەكىتلىدى.

ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، سىياسىي - قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى جۇ شېڭتاۋ سىياسىي - قانۇن خىزمىتىنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇردى.

ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ يۈڭچۈەن خۇلاسە سۆزى قىلىپ، جايلارنىڭ يىغىننىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇشى ئۈستىدە تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

يىغىنغا ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر قايسى بۆلۈم، كومىتېت، ئىشخانا، نازارەت، ئىدارىلىرىنىڭ، خەلق تەشكىلاتلىرى، ئالىي مەكتەپلەر، چوڭ كارخانىلارنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشتى.

ۋاڭ يۈڭپىڭ

## ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنى

بۇ يىغىن 1999 - يىل 11 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى، يىغىننىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى: مەركەزنىڭ ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش، 1999 - يىللىق ئىقتىسادىي خىزمەتنى يەكۈنلەپ، 2000 - يىللىق ئىقتىسادىي خىزمەتنى ئورۇنلاشتۇرۇش، باشقا بەزى مۇھىم خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئاپتونوم رايوندىكىلەرنى ئومۇمىيەتنى ئىگىلەپ، خىزمەتنى پۇختا ئىشلەپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى يۇقىرى سەۋىيىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىشقا سەپەرۋەر قىلىشتىن ئىبارەت بولدى.

ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن مۇھىم سۆز قىلدى، ئۇ سۆزىدە، ئىقتىسادىي خىزمەتنىڭ بىر قانچە تەرەپلىرىدىكى مەسىلىلەرنى تەكىتلىدى ۋە ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقنى قوغداش، رەھبەرلىك خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا كونكرېت تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلاردىن روھىنى ئۇرغۇتۇپ، ھەقىقىي تۇتۇپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، يېڭى ئەسىرنى ئەلا نەتىجىلەر بىلەن كۈتۈۋېلىشنى تەلەپ قىلدى.

ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىتمۇ مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ سۆزىدە، 1999 - يىللىق ئىقتىسادىي ھەرىكەت ئەھۋالى ئۈستىدىكى ئاساسىي مۆلچەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلدى، 2000 - يىللىق ئىقتىسادىي خىزمەتنىڭ ئومۇمىي تەلەپلىرىنى، ماكرولۇق تەڭشەش، تىزگىنلەشنىڭ مۆلچەرلەنگەن نىشانىنى ۋە باشقا بەزى كونكرېت تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ ۋېنيۆ خۇلاسە سۆزى قىلدى.

يىغىنغا ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، ئاپتونوم رايوننىڭ بۆلۈم، كومىتېت، ئىشخانا، نازارەت، ئىدارىلىرىنىڭ، خەلق تەشكىلاتلىرى، ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ، مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىنىڭ، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ئاساسلىق پارتىيە، مەمۇرىي رەھبەرلىرى، بىڭتۈەننىڭ شى، ئىدارىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پىلان كومىتېتلىرىنىڭ مۇدىرلىرى قاتناشتى.

ۋاڭ يۈڭپىڭ

## ئاپتونوم رايونلۇق «4 - ماي» ھەرىكىتىنىڭ 80 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنى

بۇ يىغىن 1999 - يىل 5 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. شۇجى ۋاڭ لېچۈەن مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ سۆزىدە، «4 - ماي» ھەرىكىتىنىڭ جۇڭگو جەمئىيىتىگە ۋە جۇڭگو تارىخىغا كۆرسەتكەن چوڭقۇر، مۇھىم تەسىرىنى ئەسلەپ ئۆتتى، ئاپتونوم رايون ئەسىر ئالمىشىش پەيتىدە دۇچ كەلگەن پۇرسەت، خىرىسلارنى تەھلىل قىلدى، ھەر مىللەت ياشلىرىنى ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، روھىنى ئۇرغۇتۇپ، تارىخىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، ۋەزىپە تۇيغۇسى ۋە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، «4 - ماي» ھەرىكىتىنىڭ شانلىق ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، «4 - ماي»نىڭ «ۋەتەنپەرۋەرلىك، تەرەققىيپەرۋەرلىك، دېموكراتىيە، ئىلىم - پەن» روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلاپ، دەۋر تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىدە چېنىقىپ يېتىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان يېڭى تەرەققىيات مۇساپىسىدە يېڭى خىزمەت كۆرسىتىشكە ئىلھاملاندۇردى.

يىغىندا ھەر قايسى سەپلەردىكى ياشلارنىڭ ۋەكىلى، پېشقەدەم كادىرلارنىڭ ۋەكىلى سۆز قىلدى.

يىغىنغا ش ئۇ ئا ر پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، بىڭتۈەننىڭ رەھبەرلىرى، ھەر مىللەت، ھەر ساھە ياشلىرىنىڭ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ، پېشقەدەم قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ، پېشقەدەم 8 - ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ، پېشقەدەم كادىرلارنىڭ ۋە ئالاقىدار بۆلۈم، كومىتېت، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ۋەكىللىرى ھەم مۇھاجىرلار ساھەسىنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشتى.

ۋاڭ يۈڭپىڭ

## ئاپتونوم رايوننىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى

بۇ يىغىن 1999 - يىل 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. شۈجى ۋاڭ لېچۈەن مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ سۆزىدە، شىنجاڭنىڭ ئازادلىقتىن بۇيان قولغا كەلتۈرگەن ئۇلۇغ قۇرۇلۇش مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئەسلەپ ئۆتتى. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنى چوقۇم ئىشەنچنى چىڭىتىپ، قىيىنچىلىقتىن قورقماي ئىلگىرىلەپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىشقا، پارتىيە رەھبەرلىكىدە ئېغىشماي چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىزم يولىدا تەۋرەنمەي مېڭىشقا، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ئېغىشماي مەركەز قىلىپ، ئىسلاھاتنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشقا، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈچىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىگە سېلىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇشقا چاقىردى.

تەبرىكلەش يىغىنىدا، پېشقەدەم قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ ۋەكىلى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى نەمۇنىچىلىرىنىڭ ۋەكىلى، ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ۋەكىلى، ئوقۇغۇچىلار ۋەكىلىمۇ سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، بىڭتۇەننىڭ رەھبەرلىرى، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان مۇئاۋىن ئۆلكە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبەرلەر، پېشقەدەم قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ ۋەكىللىرى، مەشھۇر زاتلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى نەمۇنىچىلىرى ۋە ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ ۋەكىللىرى، بىڭتۇەندىكى پېشقەدەم جەڭچىلەرنىڭ ۋەكىللىرى، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنىڭ ۋەكىللىرى، قەھرىمان - نەمۇنىچىلەر، ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشتى.

ۋاڭ يۈچىڭ

## ئاپتونوم رايونلۇق «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى سەپەرۋەرلىك يىغىنى

بۇ يىغىن 1999 - يىل 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

شۈجى ۋاڭ لېچۈەن مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ سۆزىدە مۇنداق دەپ تەكىتلىدى: «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە مۇھىملىقىنى تولۇق تونۇپ، ئىدىيىنى مەركەزنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەك. تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقتىن ئىبارەت ئاساسىي ئېقىمنى دەۋرىي قىلىپ، «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنىڭ ساغلام ئېلىپ بېرىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى ئارقىلىق تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ئۇ ھەر دەرىجىلىك پارتكوم (پارتگورۇپپا) لاردىن رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، پۇختا ئورۇنلاشتۇرۇپ، «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنىڭ ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

مەركەز كۆزىتىش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى جۇڭ شۇ جاۋمۇ يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى.

مۇئاۋىن شۈجى جۇ شېڭتاۋ ئاپتونوم رايوننىڭ «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنىڭ كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئۈستىدە سۆز قىلدى.

يىغىنغا ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ۋە بىڭتۇەننىڭ رەھبەرلىرى، مەركەز كۆزىتىش گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى، ئاپتونوم رايوننىڭ بۆلۈم، كومىتېت، ئىشخانا، نازارەت، ئىدارىلىرىنىڭ، خەلق تەشكىلاتلىرى، ئالىي مەكتەپلەر، بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانىلار، مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق چوڭ ئورۇنلىرىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ رەھبەرلىرى قاتناشتى.

ۋاڭ يۈچىڭ

## قارارلار

ش ئۇ ئا ر پارتكوم 1999 - يىل چىقارغان قارارلار (بىر قىسمى)

3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم «يولداش ۋۇ دېخيۇەنگە (ئۈلگىلىك كومپارتىيە ئەزاسى) دەپ شەرەپلىك نام بېرىش توغرىسىدا قارار» چىقاردى.

4 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «يولداش ۋۇ دېخيۇەن بىلەن يولداش جاڭ ۋەنجيېگە (مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى بويىچە ئۈلگىلىك شەخس) دەپ نام بېرىش توغرىسىدا قارار» چىقاردى.

12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى «رەئىس جياڭ زېمىننىڭ (ئىككىگە قاتتىق دىققەت قىلىش) توغرىسىدىكى

مۇھىم يولىيورۇقىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، دۆلەت مۇداپىئە زاپاس كۈچى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ھەققىدە قارار» چىقاردى.

لىيۇ شىكەي

## ئۇقتۇرۇشلار

ش ئۇ ئا ر پارتكوم 1999 - يىلى چىقارغان ئۇقتۇرۇشلار (بىر قىسمى)

4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم «(ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش رەھبەرلىرىنىڭ «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنى يولغا قويۇش لايىھىسى)نى تارقىتىلىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «1999 - يىلى ھەربىي سەپتىن كەسپ ئالماشتۇرغان كادىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى 1999 - يىلى چىقارغان ئۇقتۇرۇشلار (بىر قىسمى)

2 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى بىلەن ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى «ئاپتونوم رايوندا دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى بىلەن ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى «ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا - مائارىپ رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرىنى تەڭشەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى بىلەن ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى «ش ئۇ ئا ر ئاپپارات ئىسلاھاتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

3 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى بىلەن ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى «(شىنجاڭنىڭ شانلىق 50 يىلى) ناملىق كىتابنى تۈزۈپ نەشر قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى «گۇۋۇيۈەن تەرەققىيات تەتقىقات مەركىزىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدا تارماق ئاپپارات تەسىس قىلىشى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى بىلەن ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى «1999 - يىلى نامراتلارنى نۇقتىلىق يۆلەش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

5 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى «ش ئۇ ئا ر پارتكوم مەخپىيەتلىكنى ساقلاش كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىنى تەڭشەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى بىلەن ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى «(قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ ئوبدان ئىشلەش توغرىسىدىكى قوشۇمچە بەلگىلىمە)نى تارقىتىلىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى بىلەن ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى «ش ئۇ ئا ر ئاپپارات شتاتى كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىنى تەڭشەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

لىيۇ شىكەي

## پىكىرلەر

ش ئۇ ئا ر پارتكوم 1999 - يىلى تارقاتقان پىكىرلەر (بىر قىسمى)

3 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەستايىدىل، ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدا پىكىر» تارقاتتى.

3 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم «ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ (ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پۈتۈن پارتىيىدە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى)نى ئىزچىللاشتۇرۇش ھەققىدىكى پىكرى»نى تارقاتتى.

3 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم «ئاپتونوم رايوندىكى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىك بەنزىلىرى، رەھبىرىي كادىرلار ئارىسىدا (ئۆگىنىشكە، سىياسىيغا، توغرا كەيپىياتقا ئەھمىيەت بېرىش) ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان پارتىيىۋىلىك، پارتىيە ئىستىلى تەربىيىسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش ھەققىدە ئورۇنلاشتۇرۇش پىكرى»نى تارقاتتى.

9 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «(ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گۇۋۇيۈەننىڭ نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى قارارى)نى ئىزچىللاشتۇرۇش ھەققىدە پىكىر» تارقاتتى.

11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم «ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ (ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىغا دائىر بىر قانچە مۇھىم مەسىلە توغرىسىدىكى

قارارى)نى ئىزچىللاشتۇرۇش ھەققىدىكى پىكرى»نى تارقاتتى.

12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «(ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ تېخنىكا يېڭىلاش خىزمىتىنى كۈچەيتىش، يۇقىرى پەن - تېخنىكىنى راۋاجلاندۇرۇش، كەسىپلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش توغرىسىدىكى قارارى)نى ئىزچىللاشتۇرۇش ھەققىدە پىكىر» تارقاتتى.

12 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «(ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ مائارىپ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ساپا مائارىپىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى قارارى)نى ئىزچىللاشتۇرۇش ھەققىدە پىكىر» تارقاتتى.

ليۇ شىكەي

## تەستىقلاپ تارقىتىلغان دوكلاتلار

ش ئۇ ئا ر پارتكوم 1999 - يىلى تەستىقلاپ تارقاتقان دوكلاتلار (بىر قىسمى)

6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پاتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «كادىرلار نازارىتى، مائارىپ كومىتېتى، پىلان كومىتېتىنىڭ (1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندا ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوملارنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش توغرىسىدىكى پىكرى)نى تارقاتقانلىق ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم «ج ك پ مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ (يولداش جاڭ لىبوغا قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىش توغرىسىدىكى قارارى)نى تارقاتقانلىق ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى 1999 - يىلى تەستىقلاپ تارقاتقان دوكلاتلار (بىر قىسمى)

1 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى «ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى قاتارلىق تارماقلارنىڭ (ئاپتونوم رايوننىڭ سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى پىكىر)نى تەستىقلاپ تارقاتقانلىق ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى بىلەن ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى «ش ئۇ ئا ر يېزا خىزمىتى ئىشخانىسىنىڭ (1999 - يىللىق يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىي خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى پىكىر)نى تارقاتقانلىق ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

5 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى بىلەن ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى «ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى قاتارلىق تارماقلارنىڭ (ئاپتونوم رايوننىڭ سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى پىكىر)نى تەستىقلاپ تارقاتقانلىق ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى بىلەن ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى «ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، كادىرلار نازارىتى قاتارلىق تارماقلارنىڭ (ئاپپارات ئىسلاھاتى مەزگىلىدە پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، كەسپىي ئورۇنلارغا خادىم يۆتكەش، قوبۇل قىلىشقا ئوخشاش ئىشلارنى توڭلىتىش توغرىسىدىكى پىكىر)نى تارقاتقانلىق ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى بىلەن ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى «ئاپتونوم رايونلۇق ئارمىيە، قوراللىق ساقچى قىسىم ۋە سىياسىي - قانۇن ئورگانلىرىنىڭ كارخانىلىرىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش - ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتى ئىشخانىسىنىڭ (ئارمىيە، قوراللىق ساقچى قىسىم ۋە سىياسىي - قانۇن ئورگانلىرى ئۆتكۈزۈپ بەرگەن كارخانىلارنى ئېنىقلاپ بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىنى يولغا قويۇش لايىھىسى)نى تارقاتقانلىق ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى «ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ («پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرىنى تاللاش - ئىشقا قويۇش ۋاقىتلىق نىزامى»نى يەنىمۇ چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر)نى تارقاتقانلىق ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى «ش ئۇ ئا ر پارتكوم رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ (ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىق خىزمىتى جەھەتتىكى تەرتىپكە سېلىش - ئۆزگەرتىش تەدبىرلىرىنى تۈزۈش توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشى)، (ش ئۇ ئا ر پارتكوم رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئىدىيە - ئىستىل قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى تەرتىپكە سېلىش - ئۆزگەرتىش تەدبىرى)نى تارقاتقانلىق ھەققىدە ئۇقتۇرۇش چىقاردى.

8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى بىلەن ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى «ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، مەمۇرىي تەپتىش نازارىتىنىڭ (پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر)نى تارقاتقانلىق ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى «(كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ

قوزغىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى يوليورۇق سوراش دوكلاتى) نى تارقاتقانلىق ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

12 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى «ش ئۇ ئا ر خەلق قوزغىلىيى دائىمىي كومىتېتى پارتكوروپپىسىنىڭ ‹ش ئۇ ئا ر خەلق قوزغىلىيى دائىمىي كومىتېتى ئەزالىرىنىڭ خىزمەت شارائىتىنى ياخشىلاش توغرىسىدىكى ۋە باشقا ئالاقىدار ئىشلار توغرىسىدىكى يوليورۇق سوراش دوكلاتى) نى تارقاتقانلىق ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

ليۇ شىكەي

## ش ئۇ ئا ر پارتكوم رەھبەرلىرىنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش پائالىيىتى

1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت، جاڭ ۋېنيۈ، جۇ شېڭتاۋ، ئەسقەت كەرىمباي، جاڭ يۈنچۈەن، چېن دېمىن، خۇ جيايەن قاتارلىق رەھبەرلەر ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ، ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى، شىنجاڭ 1 - ئاۋغۇست پولات - تۆمۈر (گۇرۇھى) شىركىتى، ئۈرۈمچى كازىۋەن سېمونت زاۋۇتى، ئۈرۈمچى ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنى، شىنجاڭ كىيىمچىلىك فابرىكىسىغا بېرىپ، بايرام مەزگىلىدە ئىش ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ ئىشلەۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچىلەر، ئەدلىيە كادىر - ساقچىلىرى، قوراللىق ساقچى قىسمىنىڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرىدىن ھال سوراپ، پېنسىيىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى يوقلاپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئامىسىغا بولغان غەمخورلۇقى ۋە سالىمىنى يەتكۈزدى.

1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى جۇ شېڭتاۋ، ۋۇ دۇنفۇ، جاڭ شيۇمىڭ قاتارلىقلار ئۈرۈمچى شەھىرىگە بېرىپ ج خ خەلق ساقچىلىرىدىن ھال سورىدى.

1 - ئاينىڭ 22 — 23 - كۈنلىرى ئابلەت ئابدۇرېشىت ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ قەشقەر ۋىلايىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ ئالدى بىلەن پەيزاۋات ناھىيىسىگە بېرىپ يەر تەۋرەش ئاپىتى بولغان رايوندىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنى يوقلىدى ۋە ئۇلاردىن ھال سورىدى، شىپاخانا، ياشانغانلار ساناتورىيىسى، باشلانغۇچ مەكتەپ قاتارلىقلارنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇنىڭدىن كېيىن يوپۇرغا، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىرىگە بېرىپ، نامرات ئائىلىلەر، بەشتە كاپالەتلىك ئائىلىلەردىن ھال سورىدى. قەشقەر شەھىرىدە يەنە قىيىنچىلىقى ئېغىر كارخانىلارغا ئالاھىدە بېرىپ، قىيىنچىلىقى ئېغىر ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ۋە قىيىنچىلىقتا قالغان شەھەر ئاھالىلىرىنى يوقلىدى.

2 - ئاينىڭ 6 — 7 - كۈنلىرى ۋاڭ لېچۈەن ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ، شىنجاڭ ياغاچ ماتېرىيال باش زاۋۇتى، شىنجاڭ 1 - بىناكارلىق شىركىتى ۋە 3 - بىناكارلىق شىركىتىدە خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلىدى، قىيىنچىلىقتا قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئائىلىسىنى يوقلىدى، دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش كاپالىتى ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قوزغىلىشىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. ئۇ كارخانا رەھبەرلىك بەنزىسى قىيىنچىلىق قانچە ئېغىر بولغانسېرى قەددىنى شۇنچە رۇسلاپ، روھىنى ئۇرغۇتۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش قىيىنچىلىقىنى ھەقىقىي ھەل قىلىپ، كارخانىنى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇپ، كارخانىنى گۈللەندۈرۈشكە يېتەكلەشنى تەكىتلىدى.

2 - ئاينىڭ 6 — 9 - كۈنلىرى جاڭ ۋېنيۈ، جۇ شېڭتاۋ، ئەسقەت كەرىمباي قاتارلىق رەھبەرلەر ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ، شىنجاڭ بىئولوگىيىلىك دورا زاۋۇتى، شىنجاڭ 1 - ترانسپورت شىركىتى، ئۈرۈمچى «لۇلەن» ھاراق زاۋۇتى، خېجىڭ پولات - تۆمۈر زاۋۇتى، شىنجاڭ ئاشلىق - ياغ يېمەكلىكلەر زاۋۇتى، شىنجاڭ سودا ترانسپورت باش شىركىتى، شىنجاڭ خۇرۇمچىلىق سانائىتى گۇرۇھى شىركىتىدە خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، قىيىنچىلىقتا قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئائىلىسىنى يوقلىدى، كارخانىلارنىڭ قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، قىيىنچىلىقتا قالغان كارخانىلاردىن قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئالغا ئىلگىرىلەشنى سەمىمىي ئۈمىد قىلدى.

2 - ئاينىڭ 6 — 9 - كۈنلىرى ئابلەت ئابدۇرېشىت تارباغاتاي ۋىلايىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، دۆربىلجىن ناھىيىسىنىڭ زاراڭزا يېغى زاۋۇتى، فارفور زاۋۇتى، شېكەر زاۋۇتى، «ئالتۇن مۇنار» يۇڭ توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى ۋە چۆچەك شەھىرىنىڭ بوزداق دېھقانچىلىق مەيدانى ئالىي سورتلۇق گۆش ئىشلەپچىقىرىش ئۆلگە فېرمىسىنى كۆزدىن كەچۈردى، قىيىنچىلىقتا قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە نامرات ئائىلىلەردىن ھال سوراپ، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىنى ئاممىنىڭ قەلبىگە يەتكۈزدى.



ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن 1999 - يىل 4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى شىنجاڭ «گۇاڭخۇي» تاش ماتېرىياللىرى پاي چەكلىك شىركىتىنى كۆزدىن كەچۈردى.

لى يۇخۋاڭ فوتوسى

2 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت شىنجاڭ رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە نازارىتىدە خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ ھەممە يېزا - كەنتلەرنى رادىئو ئاڭلاش، تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىنى كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ۋەزىپىسىنى چوقۇم تولۇق ئورۇنداشنى تەلەپ قىلدى.

3 - ئاينىڭ 4 — 14 - كۈنلىرى ئىسمايىل تىلىۋالدى قەشقەر، بورتالا، ئىلى، تارباغاتاي، قاراماي قاتارلىق جايلاردا خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. جايلارنىڭ ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇقىملىق جەھەتتىكى خىزمەتلىرىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى ۋە دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى جۇ شېڭتاۋ، ئىسمايىل تىلىۋالدى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا مەكىت ناھىيىسىگە بېرىپ، قىسمەن يېزا، كەنت پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى، يېزا (بازار) ساقچىخانىلىرى، قوراللىق بۆلۈملىرىنى يوقلىدى، پېشقەدەم كومپارتىيە ئەزالىرىدىن سەمىمىي ھال سورىدى، ئېتىز - ئېرىقلارغا بېرىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئەھۋالىنى ئىگىلىدى.

5 - ئاينىڭ 11 — 12 - كۈنلىرى ئىسمايىل تىلىۋالدى تۇرپان ۋىلايىتىدە خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، مۇقىملىق جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى تەكشۈردى.

5 - ئاينىڭ 12 — 13 - كۈنلىرى ئابلەت ئابدۇرېشىت قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ خىزمەتلىرىنى تەكشۈردى. ئۇ قۇمۇل شەھىرى، تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى، ئاراتۇرۇك ناھىيىسىگە بېرىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىدىن ھال سورىدى، ھەر قايسى كەسىپ - ساھەلەرنى ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، تولۇق غەيرەتكە كېلىپ، خىزمەتنى ھەقىقىي تۇتۇپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىشكە ئىلھاملاندۇردى.

5 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئەسقەت كەرىمباي شىنجاڭ پاشانغانلار دوختۇرخانىسىدا خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئەسقەت كەرىمباي شىنجاڭ بىرلىككە كەلگەن كارخانا يېمەكلىكلەر چەكلىك شىركىتىدە ئىش بېجىردى.

6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئەسقەت كەرىمباي قۇتۇبى ناھىيىسى، سانجى شەھىرىدە خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ شىنجاڭ «دېلۇڭ» يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات شىركىتىنىڭ قۇتۇبى ماشىنىلاشتۇرۇش ئۈلگە مەيدانى، شىنجاڭ «جيايۇ» گۆش يېمەكلىكلىرى چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «بويۇك بوغدا كۆلى» يېمەكلىكلەر شىركىتىنى تەكشۈرۈپ، كارخانا تەرەققىياتىغا دائىر چوڭ ئىشلار ئۈستىدە سۆھبەتلەشتى.

7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ۋاڭ لېچۈەن، جاڭ ۋېنيۈەلەر خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ئۇرۇمچى باشقۇرۇش ئىدارىسى 2 - قارارلىق كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىنىڭ ئاۋىئاتسىيە بېكەت بىناسى ئىش ئورنىنى كۆزدىن كەچۈردى.

7 - ئاينىڭ 14 - كۈنى قېيۇم باھاۋۇدۇن مەدەنىيەت نازارىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيىتىگە تەييارلىق كۆرۈش ئەھۋالى، خەلق تىياتىرىنى رېمونت قىلىش - بېزەش قۇرۇلۇشى ۋە ش ئۇ ئا ر كۈتۈپخانىسىنى يۆتكىۋېتىش ئىشلىتىش قاتارلىق خىزمەتلەردىن قىلغان دوكلاتىنى ئاڭلاپ يوليورۇق بەردى.

7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ۋاڭ لېچۈەن، ۋۇ دۇنفۇ قاتارلىق رەھبەرلەر ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى شىنجاڭ «خۇالىڭ» سانائەت - سودا (گۇرۇھى) چەكلىك شىركىتىدە خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ۋاڭ لېچۈەن

«خۇالىڭ» بازىرىدا مەملىكەتنىڭ جاي - جايلىرىدىن كەلگەن سودىگەرلەر بىلەن سۆھبەتلەشتى، ئۇلاردىن خۇالىڭنىڭ تىجارەت مۇھىتى ئۈستىدە پىكىر ئالدى.

7 - ئاينىڭ 20 — 22 - كۈنلىرى ئابلەت ئابدۇرېشىت خوتەندە نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش خىزمىتىنى تەكشۈردى. خوتەن شەھىرى، خوتەن، قارىقاش، لوپ ناھىيىلىرىنىڭ سۇ، تۇپراقنى ئېچىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى، كۆچۈرۈلگەن ئائىلىلەرنى يوقلىدى، دېھقانلارنىڭ ئاز مىقدارلىق ئىناۋەتلىك قەرزدىن نەپ ئېلىش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى.

8 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ۋاڭ لېچۈەن، جاڭ ۋېنيۆلەر شىخەنزە شەھىرى ۋە ساۋەن ناھىيىسىگە بېرىپ كەلكۈن ئاپىتىنى تەكشۈردى. جياخېزى سۇ ئامبىرى، خۇاچياۋ سۇ ئامبىرى، «مول ھوسۇل» سۇ ئامبىرى ۋە قۇتۇبى - قاراماي تاشيولىغا بېرىپ ئاپەت ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى. ۋاڭ لېچۈەن ئاپەتكە ئۇچرىغان شەھەر، ناھىيىلەردىن كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئاپەتنىڭ زىيىنىنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىشنى تەلەپ قىلدى.

8 - ئاينىڭ 4 — 7 - كۈنلىرى ئابلەت ئابدۇرېشىت قەشقەر، قىزىلسۇلارغا بېرىپ ئاپەت ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇ قەشقەر شەھىرى، يەكەن، مەكىت، قەشقەر كوناشەھەر، پەيزاۋات، قەشقەر يېڭىشەھەر ۋە ئۇلۇغچات ناھىيىلىرىدىكى ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىنىڭ 1 - سەپىگە بېرىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغا ئائىلىلەرگە كىردى، ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش - خەتەردىن قۇتقۇزۇش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كادىرلار، ئاممىۋى ۋە ئوفىتسېر - ئەسكەرلەردىن ھال سورىدى، ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى ۋە ئۇنىڭغا قوماندانلىق قىلدى.

8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى جاڭ يۈنچۈەن خۇڭيەنچى 2 - ئېلېكتر ئىستانسىسى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدە ئىش بېجىردى. خۇڭيەنچى 2 - ئېلېكتر ئىستانسىسى 1 ،، 2 - نومۇرلۇق گېنېراتورلار گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلۇش ئورنىنى كۆزدىن كەچۈردى.

8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت، جاڭ يۈنچۈەنلەر شىنجاڭ ھەربىي رايوننىڭ مەلۇم تەلىم - تەربىيە قىسمىنى كۆزدىن كەچۈردى. ۋاڭ لېچۈەن مەلۇم تۈەننىڭ سىللىي 6 - ليەنگە كېلىپ، قىسىم خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇھىم يوليورۇق بەردى. ئۇ قىسىمدىكى ئوفىتسېر - ئەسكەرلەردىن تىنچ شارائىتتا خەۋپ - خەتەرنى ئويلاپ، جاپالىق مەشىق قىلىپ، ئۈشتۈمتۇت ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرۇشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

8 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ۋاڭ لېچۈەن بىلەن ئابلەت ئابدۇرېشىت بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ ساياھەتچىلىك قۇرۇلۇشى ئورۇنلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇلار باغراش كۆلى ئەتراپى ساياھەت بايلىقىنى ئېچىش تەسەۋۋۇرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى، ساياھەتچىلىكنى بىر كەسىپ سۈپىتىدە ئېچىش كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى. ۋاڭ لېچۈەن يەنە خوشۇتتىكى ئالتۇن ساھىل ساياھەت - ئارام كەنتىگە «غەربتىكى مەرۋايىت — ئالتۇن ساھىل» دەپ بېغىشلىما يېزىپ بەردى.

8 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنىگىچە ئىسمايىل تىلىۋالدى خىزمەت گۇرۇپپىسىنى باشلاپ، خوتەننىڭ ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى، پارتىيىنىڭ مىللىي، دىنىي سىياسىتىنى تەشۋىق قىلدى، مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى.

9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتىغا بېرىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئەھۋالىنى ئۇقتۇرۇق ئىگىلەپ، جەمئىيەتكە پايدىلىق بۇ ياخشى ئىشنى ئوبدان ئىشلەپ، ئۇنىڭ ئىجابىي رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇشنى تەكىتلىدى.

9 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت تەڭرىتاغ قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى گۇرۇھى شىركىتىدە، خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، ئۇ ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش — دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ چىقىش يولى، دەپ تەكىتلىدى.

10 - ئاينىڭ 5 — 7 - كۈنلىرى ۋاڭ لېچۈەن، چېن دېمىن، خۇ جيايەن قاتارلىق رەھبەرلەر سانجى ئوبلاستىنىڭ خىزمەتلىرىنى تەكشۈردى. مورى، گۇچۇڭ، جىمسار ناھىيىلىرىدە خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇلار يېزىلار، چارۋىچىلىق رايونلىرى، زاۋۇت - كانلار، كارخانىلار، سۇچىلىق قۇرۇلۇشى ئىش ئورۇنلىرىغا ۋە دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ، كادىرلار ۋە ئاممىۋى بىلەن سەمىمىي سۆھبەتلەشتى، ئۇلارنى روھىنى ئۇرغۇتۇپ ئىشلەپچىقىرىشنى ياخشى ئېلىپ بېرىشقا ئىلھاملاندۇردى.

10 - ئاينىڭ 14 — 15 - كۈنلىرى ئابلەت ئابدۇرېشىت شىنجاڭ خلور ئىشقارى زاۋۇتى بىلەن شىنجاڭ تۇز كۆل خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىدا خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. يەنە شامال ئېلېكتر ئىستانسىسى ۋە شىنجاڭ شامال ئېنېرگىيىسى شىركىتىنىڭ دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن شامال گېنېراتورلىرى ئېلېكتر ئىستانسىسىنى كۆزدىن كەچۈردى.

10 - ئاينىڭ 26 - كۈنى جاڭ ۋېنيۆ ئۈرۈمچى تۆمۈر

پول ئىدارىسىدە ئىش بېجىردى.

11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى قېيۇم باھاۋۇدۇن ش ئۇ ئا ر «211 قۇرۇلۇشى» رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىغا ئەزا ئورۇنلار ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرىنى باشلاپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ «211 قۇرۇلۇشى»نى ئېلىپ بېرىش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇ دۆلەت «211 قۇرۇلۇشى»نى يولغا قويغان ياخشى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى خەلقئارادا تەسىرى بار ئالدىنقى قاتاردىكى ئۇنىۋېرسىتېت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى تەلەپ قىلدى.

11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئەسقەت كەرىمباي ئالاقىدار تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرىنى باشلاپ، شىنجاڭ ئىلىم ـ ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرى ئىمپورت ـ ئېكسپورت شىركىتىدە خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. دۆلەت تاشقى سودا كارخانىلىرىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئۈستىدە ئەقىل ۋە چارە تەدبىر كۆرسەتتى.

11 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئەسقەت كەرىمباي ئالاقىدار نازارەت ـ ئىدارىلەرنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ شىنجاڭ ئاشلىق ـ ياغ ئۆتەڭ پونكىتى ۋە شىنجاڭ ئۈرۈمچى شىمالىي ۋوگزالى دۆلەت ئاشلىق ئامبىرىدا خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئەسقەت كېرىمباي شىنجاڭ ئالتۇنتاش ئوقەتچىلىك گۇرۇھى شىركىتىدە خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ ئاپتونوم رايوندا يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنى تېز راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇنى ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسى قىلىش لازىم، دەپ كۆرسەتتى.

11 ـ ئاينىڭ 17 — 27 ـ كۈنلىرى ئىسمايىل تىلىۋالدى خوتەنگە بېرىپ، مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش خىزمىتىگە قوماندانلىق قىلدى.

12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت، جاڭ ۋېنيۈ، ۋۇ دۇنفۇلار شىنجاڭ گېزىتخانىسىغا بېرىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى ھەمدە «شىنجاڭ گېزىتى» چىقىرىلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى، «شىنجاڭ گېزىتى»نى قانداق قىلىپ يەنىمۇ ياخشى چىقىرىش توغرىسىدا تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

12 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت ئۈرۈمچى يۇقىرى ـ يېڭى تېخنىكا تەرەققىيات رايونى بىلەن شىنجاڭ دېھقانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ ئۈرۈمچى يۇقىرى ـ يېڭى تېخنىكا تەرەققىيات رايونى ئىگىلىك تىكلەش، مۇلازىمەت مەركىزى، شىنتو گۇرۇھى يېڭى تىپتىكى بىنەك ماتېرىياللىرى چەكلىك شىركىتى، مەشئەل بىناسى ۋە شىنجاڭ دېھقانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئېچىتقۇ قۇرۇلۇشى بىنو تېخنىكىلىق ئارىلىق سىناق سېخىنى كۆزدىن كەچۈردى.

12 ـ ئاينىڭ 17 — 23 ـ كۈنلىرى ۋاڭ لېچۈەن، جۇ شېڭتاۋ، ۋۇ دۇنفۇ، ئىسمايىل تىلىۋالدى، جاڭ شيۇمىڭ، جۇ يۈەن قاتارلىقلار خوتەن، قەشقەر ۋىلايەتلىرىدە خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، ئۇ جايلارنىڭ مۇقىملىق خىزمىتىنى تەكشۈردى.

12 ـ ئاينىڭ 20 — 24 ـ كۈنلىرى خۇ جيابەن سانجى، بايىنغولىن، تۇرپانلارغا ۋە «ئۆچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى سىناق قىلىنىۋاتقان يەنجى ناھىيىسىگە بېرىپ، «ئۆچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

12 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى قېيۇم باھاۋۇدۇن ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ مەركىزىي شەھەر ئۈرۈمچىنىڭ مەدەنىيلىك، تازىلىق ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

12 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ۋۇ دۇنفۇ مەدەنىيەت نازارىتىنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە شىنجاڭ دراما ئۆمىكى «ۋۇ دېڭيۈن» دراما گۇرۇپپىسىدىكىلەرنى يوقلىدى، ئۇ ناچار مەدەنىيەتنىڭ سىڭىپ كىرىشىدىن ھوشيار بولۇش، مەدەنىيەت بازىرىنى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر ئارقىلىق ئىگىلەشنى تەكىتلىدى.

12 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى جۇ يۈەن مىچۈەن شەھىرىنىڭ تيېنچاڭگۇ بازىرى، گۇمۇدى بازىرىغا، بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 6 ـ شىنىڭ 101 ـ، 102 ـ تۈەن ـ مەيدانلىرىغا بېرىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 4 ۋىلايەت، ئوبلاستتىن شىمالىي شىنجاڭغا ۋەزىپە بىلەن چېنىقىشقا كەلگەن ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يوقلىدى، يەرلىك پارتكوملارنىڭ ۋەزىپە بىلەن چېنىقىش خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىدى.

تاڭ جىڭخۇڭ

## ئاپتونوم رايونلۇق تەشكىلات خىزمىتى يىغىنى

بۇ يىغىن 1999 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 3 — 4 ـ كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىنغا ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پارتكوملارنىڭ پارتىيە ئىشلىرى خىزمىتىگە مەسئۇل مۇئاۋىن شۇجىلىرى، تەشكىلات بۆلۈم باشلىقلىرى، پېشقەدەم كادىرلار ئىدارىلىرىنىڭ باشلىقلىرى، بىڭتۈەن پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ئاپتونوم رايوندىكى نازارەت، ئىدارە دەرىجىلىك ئورۇنلار سىياسىي (تەشكىلات، كادىرلار) باشقارمىلىرىنىڭ باشلىقلىرى قاتناشتى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى چېن دېمىن «ئومۇمىيەتنى ئىگىلەپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، يېڭى ئەسىرگە يۈزلەنگەن تەشكىلات

خىزمىتىنى ئىسلاھات روھى بىلەن ياخشى ئىشلەيلى» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى. ئۇ دوكلاتىدا 1999 ـ يىللىق تەشكىلات خىزمىتىدە ئۇقتىلىق تۇتۇشقا تېگىشلىك 6 تۈرلۈك خىزمەتنى ئوتتۇرىغا قويدى: 1) مەركەز ۋە ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنى بىرىنچى ئورۇندىكى چوڭ ئىش سۈپىتىدە ھەقىقىي چىڭ ۋە ياخشى تۇتۇش لازىم. 2) شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، كادىرلار قوشۇنىنىڭ ساپاسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش لازىم. 3) «پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرىنى تاللاش ـ ئىشقا قويۇش خىزمىتى ۋاقىتلىق نىزامى»نى ئىزچىل ئىجرا قىلىش سالمىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ، كادىرلارنى تاللاش، ئىشقا قويۇش خىزمىتىگە بولغان نازارەتچىلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىش لازىم. 4) سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى بەرپا قىلىش ۋە سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسەتنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ تەلىپىگە يارىشا، كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى پائال، پۇختا ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. 5) يېزىلار ۋە كارخانىلارنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ چىڭ تۇتۇپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنى ۋە پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنىنى تېخىمۇ قۇدرەتلىك قىلىپ قۇرۇپ چىقىش لازىم. 6) تەشكىلات تارماقلىرىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى ئوبدان تۇتۇپ، تەشكىلات كادىرلىرىنىڭ ساپاسىنى ۋە تەشكىلات خىزمىتىنىڭ سەۋىيىسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش لازىم. مۇئاۋىن شۇجى جۇ شېڭتاۋ يىغىن ئاخىرىدا مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ سۆزىدە، مۇھىمنىڭ ئىچىدىكى مۇھىمنى تۇتۇپ، «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىدە ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى تۇتۇشنى، «نىزام»نى ئىزچىللاشتۇرۇش خىزمىتىنى تۇتۇشنى، ساپانى ئۆستۈرۈش خىزمىتىنى تۇتۇشنى، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئاساس خىزمىتىنى تۇتۇشنى، پىشقەدەم كادىرلارغا قىلىنىدىغان مۇئامىلىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى تۇتۇشنى، تەشكىلات تارماقلىرىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى تۇتۇپ، تەشكىلات كادىرلىرىنىڭ ساپاسىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقىنى كۈچلۈك تەشكىلىي كاپالەت بىلەن تەمىن ئېتىش ئۈچۈن تىرىشىشنى تەكىتلەپ كۆرسەتتى.

يۇ ۋېنخۇي

«ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى

ش ئۇ ئا ر پارتكوم 1999 ـ يىلى مەركەزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىدە ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، پىلانلىق، قەدەممۇ قەدەم ئالغا سۈردى. 1 ـ پەسىلدە تەييارلىق خىزمىتى ۋە 3 ئورۇندا سىناق قىلىش خىزمىتى ئىشلەندى. 2 ـ پەسىلدە، ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەشتىن ئىبارەت 4 بەنزىنىڭ «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلدى. كېيىنكى يېرىم يىلدا ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ۋە نازارەت، ئىدارىلەرنىڭ «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى ھەم 3 ناھىيە (شەھەر)نىڭ سىناق خىزمىتى مۇددەت ـ تۈركۈمگە بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلدى. 2000 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىگىچە 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنىڭ ۋە ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق 87 ئورۇن رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ۋە رەھبىرىي كادىرلارنىڭ «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» مەركەزلىك تەربىيىسى ئاساسەن ئاياغلاشتى. «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» مەركەزلىك تەربىيىسىگە 4932 رەھبىرىي كادىر قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلكە دەرىجىلىك كادىر 47، ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىك كادىر 947، ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك كادىر 3938. ئاپتونوم رايوننىڭ «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىپ، مەركەزنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن يەتتى. ئاساسىي نەتىجىلەر: 1) ئاپتونوم رايوننىڭ بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈلۈپ، رەھبەرلىك بەنزىلىرى، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ سىياسىي جەھەتتە قەتئىي بولۇش مەسىلىسى خېلى ئوبدان ھەل قىلىندى، توغرا غايە ۋە ئېتىقاد يەنىمۇ چىڭ تۇرغۇزۇلدى. 2) ئىسلاھاتنى ئالغا سۈرۈش، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش جەھەتتە ئىدىيە يەنىمۇ ئازاد قىلىنىپ، پىكىر يوللىرى كېڭەيتىلدى، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىجرا قىلىشتىكى قەتئىيلىك ۋە ئاڭلىقلىق ئۆستۈرۈلدى. 3) ئاممىۋى لۇشيەن ۋە ئاممىۋى كۆز قاراش جەھەتتە بىر قېتىم جانلىق قايتا تەربىيە ئېلىنىپ، پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ، كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتى يەنىمۇ قويۇقلاشتۇرۇلدى، چىرىكلىكنى چەكلەش، ئاپىنىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئاممىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشتىكى ئاڭلىقلىق ئۆستۈرۈلدى. 4) پارتىيىنىڭ تەنقىد، ئۆز ـ ئۆزىنى تەنقىد قىلىش ئېسىل ئەنئەنىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ ۋە جارى قىلدۇرۇلۇپ، رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئۆزىدىكى زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش ئىقتىدارى ئۆستۈرۈلدى. 5) رەھبىرىي كادىرلارنىڭ يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش روھى ئۇرغۇتۇلۇپ، ئىستىلنى ئۆزگەرتىش ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، نۆۋەتتىكى ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق خىزمىتى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈلدى.

«ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى داۋامىدا، ھەر

دەرىجىلىك پارتكوم (پارتگورۇپپا) لار مەركەزنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى، خىزمەت پرىنسىپى ۋە فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بەزى ياخشى تەجرىبىلەرنى ھاسىل قىلدى. 1) ئىدىيىۋى سەپەرۋەرلىك بىلەن نەزەرىيە ئۆگىنىش «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئاساسى قىلىنىپ، كادىرلارنى تەربىيىلەش ۋە ئۆستۈرۈشتە ئىزچىل چىڭ تۇرۇلدى. 2) يۇقىرى ئۆلچەم، قاتتىق تەلەپتە چىڭ تۇرۇلۇپ، كادىرلار ئۆزىگە توغرا مۇئامىلە قىلىشقا يېتەكلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتىكى ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ئۆزلۈكسىز قوزغىتىلدى. گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى تېپىش ۋە ئوپېراتسىيە قىلىش «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنىڭ مەركىزىي ھالقىسى قىلىپ تۇتۇلۇپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئاساس ۋە نۇقتا قىلىندى. 3) ئاممىغا ئىشىنىپ ۋە تايىنىپ، دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىشىكنى ئېچىۋېتىپ ئىستىل تۈزىتىش مۇئەييەن رەھبەرلىك ئاستىدا پىلانلىق ئېلىپ بېرىلدى. 4) تەنقىد - ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد قىلىش قورالىنى ھەقىقىي قولغا ئېلىش، ئاكتىپ، ساغلام ئىدىيىۋى كۆرەشنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، رەھبىرىي كادىرلار جىددىي، ئەستايىدىل، جانلىق، ئېتىك بولغان پارتىيە ئىچى تۇرمۇشىدا پارتىيىۋىلىك بويىچە چېنىقىشنى كۈچەيتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىندى. 5) بىر تەرەپتىن تەرتىپكە سېلىش، بىر تەرەپتىن ئۆزگەرتىشتە چىڭ تۇرۇلۇپ، تەرتىپكە سېلىش - ئۆزگەرتىش تەدبىرلىرى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىش بىلەن نۆۋەتتىكى خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈش زىچ بىرلەشتۈرۈلدى. 6) رەھبەرلىك ھەقىقىي كۈچەيتىلىپ، مەسئۇلىيەت ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، بىر دەرىجە بىر دەرىجىنى تۇتۇش، بىر دەرىجە بىر دەرىجىنى يېتەكلەش يولى تۇتۇلدى. 7) كۆزىتىش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقلىرى ئوبدان تاللىنىپ، كۆزىتىش گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمەت مەسئۇلىيىتى ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، كۆزىتىش گۇرۇپپىسىنىڭ يېتەكچىلىك، نازارەتچىلىك، ئۆتكەلنى ئىگىلەش رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلدى. 8) ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۆرەشنىڭ جىددىي ۋەزىيىتىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايوندا «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ ئالاھىدىلىكى مەسىلىسى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىنىپ، سىياسەت قاتتىق ئىگىلىنىپ، دۈشمەن ئۇنسۇرلارنىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بۇزغۇنچىلىق قىلىشىنىڭ قاتتىق ئالدى ئېلىنىپ، «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنىڭ ساغلام، ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى.

بۇ ۋېنخۇي

## ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن، ئاپتونوم رايون بويىچە ئورگان كادىرلىرىدىن 16 مىڭ 986 كىشى ئاجرىتىلىپ، 25 نۇقتىلىق ناھىيە، شەھەر، 152 يېزا، بازار، مەھەللە، 1122 كەنت، 741 ئاھالە كومىتېتىدا پارتىيە تەشكىلاتىنى تەرتىپكە سېلىش قۇرۇلۇشى ۋە جەمئىيەت ئامانلىقىنى مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش خىزمىتى ئىشلەندى. بۇ خىزمەتكە بىرلەشتۈرۈپ، قىسمەن ئورگان كادىرلىرى ۋە ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوملارنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار يېزا، بازار، كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىلىرى ۋە مەھەللە، ئاھالە كومىتېتلىرىغا خىزمەتكە ئەۋەتىلىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ كۈچى تولۇقلاندى ۋە كۈچەيتىلدى، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى قوشۇنىنىڭ قۇرۇلمىسى ياخشىلاندى. قىسمەن يېزا، بازارلاردىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى باشقا جايلارغا ئالماشتۇرۇلدى، چەت - ياقا جايلاردا ۋە ئامانلىق نورمالسىز يېزا، بازارلاردا «4211» خىزمىتى مېخانىزمى يولغا قويۇلدى. ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە كەنت ئاھالىلەر كومىتېتلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى خىزمىتىگە بولغان يېتەكچىلىك كۈچەيتىلدى، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىغا ھەمكارلىشىپ، كەنت ئاھالىلىرى ۋەكىللىرى يىغىنى، كەنت ئىشلىرىنى ئاشكارىلاش، كەنت ئەھدىنامىسى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش نىزامنامىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەنت ئاساسىي قاتلام باشقۇرۇش تۈزۈمى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، كەنت ئاساسىي قاتلام دېموكراتىك سىياسەت قۇرۇلۇشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. 200 نەچچە مىڭ خەتلىك «شىنجاڭ يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ئوقۇشلۇقى» تۈزۈپ چىقىلدى. ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى نەزەرىيىنى، پارتىيە نىزامنامىسىنى، پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قاراتقان فاڭجېن - سىياسەتلىرىنى، شىنجاڭ تارىخىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، قىشلىق پەن - تېخنىكا پائالىيىتى، يېزىلارغا باب تېخنىكا بويىچە تەربىيىلەش خىزمىتى كەڭ قانات يايدۇرۇلۇپ، يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىغا بولغان تەربىيە ۋە ئوقۇتۇش كۈچەيتىلدى. ئاز سانلىق مىللەت رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ نۇقتىلىق مەسچىتلەر بىلەن ھۆددىگە ئېلىپ ئالاقىلىشىپ تۇرۇش ۋە دىنىي زاتلار بىلەن قەرەللىك سۆھبەتلىشىپ تۇرۇش تۈزۈمى كەڭ دائىرىدە يولغا قويۇلدى. يېزا، بازار كادىرلىرى ئارىسىدا «ئاممىسى بىلەن ئالاقە باغلاش، كۆپلەپ دوست تۇتۇش» ۋە «خەلقنى رازى

خىزمىتىنى ئىسلاھات روھى بىلەن ياخشى ئىشلەيلى» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى. ئۇ دوكلاتىدا 1999 - يىللىق تەشكىلات خىزمىتىدە نۇقتىلىق تۇتۇشقا تېگىشلىك 6 تۈرلۈك خىزمەتنى ئوتتۇرىغا قويدى: 1) مەركەز ۋە ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنى بىرىنچى ئورۇندىكى چوڭ ئىش سۈپىتىدە ھەقىقىي چىڭ ۋە ياخشى تۇتۇش لازىم. 2) شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، كادىرلار قوشۇنىنىڭ ساپاسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش لازىم. 3) «پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرىنى تاللاش - ئىشقا قويۇش خىزمىتى ۋاقىتلىق نىزامى»نى ئىزچىل ئىجرا قىلىش سالمىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ، كادىرلارنى تاللاش، ئىشقا قويۇش خىزمىتىگە بولغان نازارەتچىلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىش لازىم. 4) سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى بەرپا قىلىش ۋە سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسەتنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ تەلىپىگە يارىشا، كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى پائال، پۇختا ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. 5) يېزىلار ۋە كارخانىلارنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ چىڭ تۇتۇپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنى ۋە پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنىنى تېخىمۇ قۇدرەتلىك قىلىپ قۇرۇپ چىقىش لازىم. 6) تەشكىلات تارماقلىرىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى ئوبدان تۇتۇپ، تەشكىلات كادىرلىرىنىڭ ساپاسىنى ۋە تەشكىلات خىزمىتىنىڭ سەۋىيىسىنى ئىرىشىپ ئۆستۈرۈش لازىم. مۇئاۋىن شۇجى جۇ شېڭتاۋ يىغىن ئاخىرىدا مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ سۆزىدە، مۇھىمىنىڭ ئىچىدىكى مۇھىمنى تۇتۇپ، «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىدە ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى تۇتۇشنى، «نىزام»نى ئىزچىللاشتۇرۇش خىزمىتىنى تۇتۇشنى، ساپانى ئۆستۈرۈش خىزمىتىنى تۇتۇشنى، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئاساس خىزمىتىنى تۇتۇشنى، پېشقەدەم كادىرلارغا قىلىنىدىغان مۇئامىلىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى تۇتۇشنى، تەشكىلات تارماقلىرىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى تۇتۇپ، تەشكىلات كادىرلىرىنىڭ ساپاسىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقىنى كۈچلۈك تەشكىلىي كاپالەت بىلەن تەمىن ئېتىش ئۈچۈن تىرىشىشنى تەكىتلەپ كۆرسەتتى.

يۇ ۋېنخۇي

## «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى

ش ئۇ ئا ر پارتكوم 1999 - يىلى مەركەزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىدە ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، پىلانلىق، قەدەممۇ قەدەم ئالغا سۈردى. 1 - پەسىلدە تەييارلىق خىزمىتى ۋە 3 ئورۇندا سىناق قىلىش خىزمىتى ئىشلەندى. 2 - پەسىلدە ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەشتىن ئىبارەت 4 بەنزىنىڭ «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلدى. كېيىنكى يېرىم يىلدا ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ۋە نازارەت، ئىدارىلەرنىڭ «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى ھەم 3 ناھىيە (شەھەر)نىڭ سىناق خىزمىتى مۇددەت - تۈركۈمگە بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلدى. 2000 - يىل 2 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگىچە 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنىڭ ۋە ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق 87 ئورۇن رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ۋە رەھبىرىي كادىرلارنىڭ «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» مەركەزلىك تەربىيىسى ئاساسەن ئاياغلاشتى. «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» مەركەزلىك تەربىيىسىگە 4932 رەھبىرىي كادىر قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلكە دەرىجىلىك كادىر 47، ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىك كادىر 947، ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك كادىر 3938. ئاپتونوم رايوننىڭ «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىپ، مەركەزنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن يەتتى. ئاساسىي نەتىجىلەر: 1) ئاپتونوم رايوننىڭ بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈلۈپ، رەھبەرلىك بەنزىلىرى، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ سىياسىي جەھەتتە قەتئىي بولۇش مەسىلىسى خېلى ئوبدان ھەل قىلىندى، توغرا غايە ۋە ئېتىقاد يەنىمۇ چىڭ تۇرغۇزۇلدى. 2) ئىسلاھاتنى ئالغا سۈرۈش، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش جەھەتتە ئىدىيە يەنىمۇ ئازاد قىلىنىپ، پىكىر يوللىرى كېڭەيتىلدى. پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىجرا قىلىشتىكى قەتئىيلىك ۋە ئاڭلىقلىق ئۆستۈرۈلدى. 3) ئاممىۋى لۇشيەن ۋە ئاممىۋى كۆز قاراش جەھەتتە بىر قېتىم جانلىق قايتا تەربىيە ئېلىنىپ، پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ، كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتى يەنىمۇ قويۇقلاشتۇرۇلدى، چىرىكلىكنى چەكلەش، ئاينىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئاممىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشتىكى ئاڭلىقلىق ئۆستۈرۈلدى. 4) پارتىيىنىڭ تەنقىد، ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد قىلىش ئېسىل ئەنئەنىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ ۋە جارى قىلدۇرۇلۇپ، رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئۆزىدىكى زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش ئىقتىدارى ئۆستۈرۈلدى. 5) رەھبىرىي كادىرلارنىڭ يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش روھى ئۇرغۇتۇلۇپ، ئىستىلنى ئۆزگەرتىش ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، نۆۋەتتىكى ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق خىزمىتى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈلدى.

«ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى داۋامىدا، ھەر

دەرىجىلىك پارتكوم (پارتگۇرۇپپا) لار مەركەزنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى، خىزمەت پرىنسىپى ۋە فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بەزى ياخشى تەجرىبىلەرنى ھاسىل قىلدى. 1) ئىدىيىۋى سەپەرۋەرلىك بىلەن نەزەرىيە ئۆگىنىش «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئاساسى قىلىنىپ، كادىرلارنى تەربىيىلەش ۋە ئۆستۈرۈشتە ئىزچىل چىڭ تۇتۇلدى. 2) يۇقىرى ئۆلچەم، قاتتىق تەلەپتە چىڭ تۇرۇلۇپ، كادىرلار ئۆزىگە توغرا مۇئامىلە قىلىشقا يېتەكلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتىكى ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ئۈزلۈكسىز قوزغىتىلدى. گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى تېپىش ۋە ئوپېراتسىيە قىلىش «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنىڭ مەركىزىي ھالقىسى قىلىپ تۇتۇلۇپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئاساس ۋە نۇقتا قىلىندى. 3) ئاممىغا ئىشىنىپ ۋە تايىنىپ، دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىشىكنى ئېچىۋېتىپ ئىستىل تۈزىتىش مۇئەييەن رەھبەرلىك ئاستىدا پىلانلىق ئېلىپ بېرىلدى. 4) تەنقىد - ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد قىلىش قورالىنى ھەقىقىي قولغا ئېلىش، ئاكتىپ، ساغلام ئىدىيىۋى كۈرەشنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، رەھبىرىي كادىرلار جىددىي، ئەستايىدىل، جانلىق، ئېتىك بولغان پارتىيە ئىچى تۇرمۇشىدا پارتىيىۋىلىك بويىچە چېنىقىشنى كۈچەيتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىندى. 5) بىر تەرەپتىن تەرتىپكە سېلىش، بىر تەرەپتىن ئۆزگەرتىشتە چىڭ تۇرۇلۇپ، تەرتىپكە سېلىش - ئۆزگەرتىش تەدبىرلىرى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىش بىلەن نۆۋەتتىكى خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈش زىچ بىرلەشتۈرۈلدى. 6) رەھبەرلىك ھەقىقىي كۈچەيتىلىپ، مەسئۇلىيەت ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، بىر دەرىجە بىر دەرىجىنى تۇتۇش، بىر دەرىجە بىر دەرىجىنى يېتەكلەش يولى تۇتۇلدى. 7) كۆزىتىش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقلىرى ئوبدان تاللىنىپ، كۆزىتىش گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمەت مەسئۇلىيىتى ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، كۆزىتىش گۇرۇپپىسىنىڭ يېتەكچىلىك، نازارەتچىلىك، ئۆتكەلنى ئىگىلەش رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلدى. 8) ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ جىددىي ۋەزىيىتىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايوندا «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ ئالاھىدىلىكى مەسىلىسى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىنىپ، سىياسەت قاتتىق ئىگىلىنىپ، دۈشمەن ئۇنسۇرلارنىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بۇزغۇنچىلىق قىلىشىنىڭ قاتتىق ئالدى ئېلىنىپ، «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنىڭ ساغلام، ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى.

بۇ ۋېنخۇي

## ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن، ئاپتونوم رايون بويىچە ئورگان كادىرلىرىدىن 16 مىڭ 986 كىشى ئاجرىتىلىپ، 25 ئوقتىلىق ناھىيە، شەھەر، 152 يېزا، بازار، مەھەللە، 1122 كەنت، 741 ئاھالە كومىتېتىدا پارتىيە تەشكىلاتىنى تەرتىپكە سېلىش قۇرۇلۇشى ۋە جەمئىيەت ئامانلىقىنى مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش خىزمىتى ئىشلەندى. بۇ خىزمەتكە بىرلەشتۈرۈپ، قىسمەن ئورگان كادىرلىرى ۋە ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوملارنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار يېزا، بازار، كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىلىرى ۋە مەھەللە، ئاھالە كومىتېتلىرىغا خىزمەتكە ئەۋەتىلىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ كۈچى تولۇقلاندى ۋە كۈچەيتىلدى، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى قوشۇنىنىڭ قۇرۇلمىسى ياخشىلاندى، قىسمەن يېزا، بازارلاردىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى باشقا جايلارغا ئالماشتۇرۇلدى، چەت - ياقا جايلاردا ۋە ئامانلىق نورمالسىز يېزا، بازارلاردا «4211» خىزمىتى مېخانىزمى يولغا قويۇلدى. ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە كەنت ئاھالىلەر كومىتېتلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى خىزمىتىگە بولغان يېتەكچىلىك كۈچەيتىلدى، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىغا ھەمكارلىشىپ، كەنت ئاھالىلىرى ۋەكىللىرى يىغىنى، كەنت ئىشلىرىنى ئاشكارىلاش، كەنت ئەھدىنامىسى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش نىزامنامىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەنت ئاساسىي قاتلام باشقۇرۇش تۈزۈمى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، كەنت ئاساسىي قاتلام دېموكراتىك سىياسەت قۇرۇلۇشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. 200 نەچچە مىڭ خەتلىك «شىنجاڭ يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ئوقۇشلۇقى» تۈزۈپ چىقىلدى. ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى نەزەرىيىنى، پارتىيە نىزامنامىسىنى، پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قاراتقان فاڭجېن - سىياسەتلىرىنى، شىنجاڭ تارىخىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، قىشلىق پەن - تېخنىكا پائالىيىتى، يېزىلارغا باپ تېخنىكا بويىچە تەربىيىلەش خىزمىتى كەڭ قانات يايدۇرۇلۇپ، يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىغا بولغان تەربىيە ۋە ئوقۇتۇش كۈچەيتىلدى. ئاز سانلىق مىللەت رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ ئوقتىلىق مەسچىتلەر بىلەن ھۆددىگە ئېلىپ ئالاقىلىشىپ تۇرۇش ۋە دىنىي زاتلار بىلەن قەرەللىك سۆھبەتلىشىپ تۇرۇش تۈزۈمى كەڭ دائىرىدە يولغا قويۇلدى. يېزا، بازار كادىرلىرى ئارىسىدا «ئامما بىلەن ئالاقە باغلاش، كۆپلەپ دوست تۇتۇش» ۋە «خەلقنى رازى

قىلىش قۇرۇلۇشى» پائالىيىتى كەڭ قانات يايدۇرۇلۇپ، بەزى جايلاردا ساقلانغان قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرنى باشقۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان، .باشقۇرۇشنى خالىمايدىغان ئەھۋال ئاساسەن تۈگىتىلدى، ئاز ساندىكى كادىرلاردا ساقلانغان تۈپ مەقسەت كۆز قارىشى ئاجىزلاپ كېتكەن، ئىستىلدا ئاددىيلىق ۋە قوپاللىق قىلىدىغان، ئامىنىڭ مەنپەئىتىگە ئېغىر دەخلى - تەرۇز قىلىدىغان مەسىلىلەر ئۆزگەرتىلدى. «دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر) بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا پىكىر» تارقىتىلىپ، جايلارنىڭ «بەشتە ياخشى» كەنت پارتىيە ياچېيكىسى، «ئالتىدە ياخشى» يېزا، بازار پارتكومى بەرپا قىلىش خىزمىتى ۋە ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر) لەرنى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلارنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئۈنۈملۈك ۋاستىسى قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىنىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلارنىڭ 3 دەرىجە بويىچە بەرپا قىلىش، ئومۇمىي جەھەتتىن تۆرتكە بولۇشتىن ئىبارەت يېڭى ئەندىزىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈرۈلدى. ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشى خىزمەت يىغىنى ئېچىلىپ، ئىلغار تەجرىبىلەر يەكۈنلەندى ۋە بىر تۈركۈم ئىلغار تىپلار تەقدىرلەندى.

دۆلەت كارخانىلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشىدا كارخانا رەھبەرلىك بەنزىرلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى نۇقتىلىق تۇتۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت كارخانىلىرى رەھبەرلىك بەنزىرلىرىنى سىناش قۇرۇلۇشى خىزمىتى ئومۇمىيۈزلۈك خۇلاسىلەندى، ئاپتونوم رايون قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇشنى بەلگىلىگەن 20 نۇقتىلىق كارخانىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر تەكشۈرۈلدى. كادىرلار نازارىتى، ئىقتىساد - سودا خىزمىتى كومىتېتى بىلەن بىللە خۇبېي ئۆلكىسى، ۋۇخەن شەھىرىگە بېرىپ، ئۇلارنىڭ دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ رەھبىرىي خادىملىرىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنىڭ ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى. ئىلى قاتارلىق 7 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردە ۋە 8 كارخانىدا دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ رەھبىرىي خادىملىرىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىندى، مۇشۇ ئاساستا «ئاپتونوم رايوننىڭ دۆلەت كارخانىلىرى رەھبىرىي خادىملىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتى ۋاقىتلىق چارىسى (پىكىر ئېلىش نۇسخىسى)» ئوتتۇرىغا قويۇلدى. كادىرلار نازارىتى بىلەن بىللە تەكشۈرگۈچى - ۋاكالەتچى ياردەمچىلىرىنى كۆرستىش، تاللاش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقىرىلدى ۋە تۇنجى تۈركۈم تەكشۈرگۈچى - ۋاكالەتچىلەرنىڭ تەۋسىيە ئىسىملىكى ئوتتۇرىغا قويۇلدى ھەمدە ئۇلار تەربىيىلەندى.

1999 - يىلى يەنە مەھەللىلەرنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنىڭ ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى، ئاخبارات، مەدەنىيەت، نەشرىيات سىستېمىلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى مەخسۇس تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىنىپ، پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنىڭ ئەھۋالى ئېنىقلاندى، شۇ ساھەلەرنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن ئاساس سېلىندى.

يۈ ۋېنخۇي

## پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندا پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك يەرلىك كومىتېتى 112، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىر، ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلىك پارتكوم 2، ۋىلايەتلىك پارتكوم 8، ئوبلاستلىق پارتكوم 5، ۋىلايەتكە قاراشلىق شەھەرلىك پارتكوم 17، ناھىيىلىك پارتكوم 62، ئاپتونوم ناھىيىلىك پارتكوم 6، شەھەرگە قاراشلىق رايونلۇق پارتكوم 11، پارتگۇرۇپپا 1420، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلكە دەرىجىلىك ئورگان 66، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر دەرىجىلىك ئورگان 617، ناھىيە (شەھەر) دەرىجىلىك ئورگان 632. پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى 64 مىڭ 366، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قاتلام پارتكوم 3493، پارتىيە باش ياچېيكىسى 3595، پارتىيە ياچېيكىسى 57 مىڭ 278.

ليۇ يۈەنشىن

## پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئەھۋالى

1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايوندىكى پارتىيە ئەزاسى 1 مىليون 14 مىڭ 561گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە رەسمىي پارتىيە ئەزاسى 962 مىڭ 737، كاندىدات پارتىيە ئەزاسى 51 مىڭ 824؛ خەنزۇ پارتىيە ئەزاسى 626 مىڭ 198، ئاز سانلىق مىللەت پارتىيە ئەزاسى 388 مىڭ 363؛ 1949 - يىل 9 - ئايدىن ئىلگىرى پارتىيىگە كىرگەنلەر 10 مىڭ 175، 1949 - يىل 10 - ئايدىن كېيىن پارتىيىگە كىرگەنلەر 1 مىليون 4386؛ 35 ياشتىن تۆۋەنلەر 308 مىڭ 656، 36 ياشتىن يۇقىرىلار 705 مىڭ 905؛ تولۇق ئوتتۇرىدىن يۇقىرى مەلۇماتلىقلار 543 مىڭ 660، تولۇقسىز ئوتتۇرىدىن تۆۋەن مەلۇماتلىقلار 470 مىڭ 901؛ ئايال پارتىيە ئەزاسى 213 مىڭ 863، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان

پارتىيە ئەزاسى 156 مىڭ 720؛ 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 48 مىڭ 250 كىشى پارتىيىگە قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ 26 مىڭ 52، ئاز سانلىق مىللەتلەر 22 مىڭ 198؛ 35 ياشتىن تۆۋەنلەر 37 مىڭ 343، 36 ياشتىن يۇقىرىلار 10 مىڭ 907؛ ئىشچى - خىزمەتچى 32 مىڭ 669، دېھقان - چارۋىچى 11 مىڭ 490، ئوقۇغۇچى 1876؛ ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 13 مىڭ 905؛ ئىلغار - نەمۇنىچى شەخس 2329؛ ئايال 15 مىڭ 963.

ليۇ يۈەنشىن

## كادىرلارنى تەربىيىلەش، ئوقۇتۇش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى 1998 - يىل 9 - ئايدىن بۇيان ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىك كادىرلار ۋە ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ ئاساسلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنى ئىشتىن ئايرىپ ئوقۇتۇش كۇرسىدىن 11 قارار ئېچىپ، ئۇلارنى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزىنى، پارتىيىنىڭ مىللىي، دىنىي سىياسىتىنى ۋە شىنجاڭ تارىخىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردى، بۇ كۇرسلاردا 1012 كادىرنى تەربىيىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىك كادىر 844، ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت 1 - قول رەھبىرى 168؛ ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك پارتىيە مەكتەپلىرى 409 قارار كۇرس ئېچىپ، ئاز كەم 15 مىڭ كىشىنى ئىشتىن ئايرىپ ئوقۇتتى. 122 كادىر (ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىكى 70، ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىكى 52) مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى ۋە دۆلەت مەمۇرىي ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلدى؛ ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك كادىردىن 120 كىشى تيەنجىن ئۇنىۋېرسىتېتى، دالیەن سانائەت پەنلىرى ئۇنىۋېرسىتېتىدا، 200 كىشى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇتۇلدى؛ ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىك كادىردىن 11ى دۆلەتنىڭ مىنىستىرلىك، كومىتېتلىرىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن شياڭگاڭ، سىنگاپور، شىۋېتسارىيە، ئامېرىكا قاتارلىق رايون، دۆلەتلەرگە بېرىپ ئوقۇپ كەلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ناھىيىدىن تۆۋەن دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ «قوش تىل» ئۆگىنىشى زور كۈچ بىلەن تۇتۇلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا - بازار كادىرلىرىنىڭ «قوش تىل»نى تېز ئۆگىنىش كۇرسىدىن 120 قارار ئېچىلىپ، 7829 كادىر ئوقۇتۇلدى. 4 - ئايدا، ئاقسۇ، قەشقەر، قىزىلسۇ، خوتەننىڭ يېرىم يىل خەنزۇچە ئۆگەنگەن ئاز سانلىق مىللەت يېزا، بازار كادىرىدىن 450ى ئۈرۈمچى، سانجى ۋە بىڭتۈەننىڭ 6 -، 8 - شىلىرى، ئۈرۈمچى، دېھقانچىلىق مەيدانلىرى باشقۇرۇش ئىدارىسىغا قاراشلىق 68 خىزمەت نۇقتىسىغا 2 يىللىق ۋەزىپە بىلەن خىزمەت قىلىشقا ئەۋەتىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 30 نامرات ناھىيىدىن 1 - تۈركۈمدە، 60 ناھىيە، يېزا دەرىجىلىك كادىر شەندۇڭغا 2 ئايدىن 3 ئايغىچە ۋەزىپە بىلەن تەربىيىلىنىشكە ئەۋەتىلدى. تەربىيە، ئوقۇتۇش ئارقىلىق ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي ساپاسى ۋە كەسپىي خىزمەت ئىقتىدارى ئۆستۈرۈلدى، خىزمەت ئىستىلى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى.

يۇ ۋېنخۇي

## كادىرلار قوشۇنىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەرخىل كادىر 664 مىڭدىن ئارتۇق (مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرى بىلەن بىڭتۈەننىڭ كادىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ)، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرى 329 مىڭدىن، ئايال كادىر 299 مىڭدىن ئارتۇق، پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئاممىۋى تەشكىلات ئورگانلىرىدىكى كادىر 25%. 23نى ئىگىلەيدۇ. كادىرلار قوشۇنىنىڭ ئوقۇش تارىخى قۇرۇلمىسى مۇنداق: ئاسپىرانت 1400 دىن، تولۇق كۇرس ئوقۇش تارىخىدىكىلەر 81 مىڭدىن، مەخسۇس كۇرس ئوقۇش تارىخىدىكىلەر 231 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 34%. 47نى ئىگىلەيدۇ، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇش تارىخىدىكىلەر 263 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، 63%. 39نى ئىگىلەيدۇ، تولۇق ئوتتۇرا ئوقۇش تارىخىدىكىلەر 54 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، 16%. 8نى ئىگىلەيدۇ، تولۇقسىز ئوتتۇرىدىن تۆۋەن ئوقۇش تارىخىدىكىلەر 32 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، 87%. 4نى ئىگىلەيدۇ. ئورگان، كەسپىي ئورۇنلاردىكى 45 ياشتىن تۆۋەن كادىرلار 66%. 70نى ئىگىلەيدۇ.

1999 - يىلى دۆلەت بىر تۇتاش تەقسىم قىلغان ئالىي مەكتەپ، تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى، ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىر ۋە قوبۇل قىلىنغان، تەكلىپ قىلىنغان كادىر 38 مىڭ 324 (يۆتكەپ كېلىنگەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ)، بۇنىڭ ئىچىدە ئورگانلارنىڭ 4713، كەسپىي ئورۇن، كارخانا ئورۇنلىرىنىڭ 33 مىڭ 611. دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىقىش، خىزمەتتىن ئىستېپا بېرىش، چېكىنىش، قوغلىنىش، ئۆلۈپ كېتىشكە ئوخشاش سەۋەبلەر بىلەن ئازايغان كادىر 37 مىڭ 390 (يۆتكەلگەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ)، بۇنىڭ ئىچىدە ئورگاننىڭ 3275، كەسپىي ئورۇن، كارخانا ئورۇنلىرىنىڭ 34 مىڭ 115.

ئاپتونوم رايوندىكى كادىرلار ئىچىدە، كەسپىي ئورۇن، كارخانا ئورۇنلىرىدىكى ھەرخىل خادىم 494 مىڭ 990، بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي تېخنىكا خادىمى 452 مىڭ 186، ئالىي

ئۇنىۋانلىقلار 16 مىڭ 902، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنىۋانلىقلار 99 مىڭ 271، تۆۋەن دەرىجىلىك ئۇنىۋانلىقلار 265 مىڭ 411. ئاز سانلىق مىللەتلەر 52.01%نى، ئاياللار 51.22%نى ئىگىلەيدۇ.

لىيۇ يۇڭشىن

## «فالۇن گۇڭ»نى پاش قىلىش ۋە ئۇنىڭغا قارشى كۈرەش قىلىش جەريانىدا «فالۇن گۇڭ»غا قارىتىلغان ئۆگىنىش، تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى «فالۇن گۇڭ» مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە ھەل قىلىش داۋامىدا، مەركەزنىڭ (1999) 13 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىغا بىنائەن، «فالۇن گۇڭ» ئەقىدىسىنى مەشىق قىلغان پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيىلەش، ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن تۇتتى. 1) كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ئارىسىدا ئومۇميۈزلۈك تەربىيە ئېلىپ بېرىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى «(فالۇن گۇڭ) مەسىلىسى كۆزدە تۇتۇلغان ئۆگىنىش، تەربىيىلەش پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» ۋە «مەركەزنىڭ 13 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايوندىكى پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ئارىسىدا ئۆگىنىش، تەربىيىلەش پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇش پىكرى»نى تارقىتىپ، ئۆگىنىش، تەربىيىلەشنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇردى. ئاساسىي قاتلام پارتىيە ياچېيكىلىرى ئاپتونوم رايوننىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، مەخسۇس ۋاقىت ئاجرىتىپ، ھۆججەت ئۆگىنىش، لېكسىيە ئۆيۈشتۇرۇش، سۆھبەت يىغىنى ئېچىشقا ئوخشاش شەكىللەر بىلەن كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلارنى كەم بولغاندا بىر ھەپتە ئىشتىن ئايرىپ ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇپ تەربىيىلىدى. ئۆگىنىش، تەربىيىلەش ئارقىلىق كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار «فالۇن گۇڭ»نىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتى ۋە ئېغىر زىيىنىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇپ يەتتى، «فالۇن گۇڭ ئەقىدىسى»نى مەشىق قىلىشقا قاتناشقان كۆپ قىسىم پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ئىدىيە جەھەتتە «فالۇن گۇڭ»دىن ئېنىق چېگرا ئايرىيدىغانلىقىنى، تەشكىلىي جەھەتتە «فالۇن گۇڭ»دىن ئالاقىسىنى ئۈزىدىغانلىقىنى، «فالۇن گۇڭ» تەشكىلاتىنىڭ ھەر قانداق پائالىيىتىگە قاتناشمايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلدۈردى. 2) مەشىق قىلىشقا قاتناشقان پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ ئىدىيىسىدە ئۆزگىرىش ياساش خىزمىتى ئوبدان ئىشلەندى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى «فالۇن گۇڭ»نى پائالىيىتىگە قاتناشمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىدىيىدە ھەقىقىي بۆرۈلۈش ياسىيالمىغان ئاز ساندىكى پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارغا قارىتا، مەخسۇس ئادەم ئاجرىتىپ، «بىر ئادەم بىر ئادەمنى ھۆددىگە ئېلىش»، «بىر قانچە ئادەم بىر ئادەمنى ھۆددىگە ئېلىش» چارىسىنى قوللىنىپ ھەم ئۇلارنىڭ ئورۇق - تۇغقان، پەرزەنتلىرىنى ئىشقا سېلىپ، سەۋرچانلىق بىلەن نەسىھەت قىلىش، تەربىيىلەش خىزمىتىنى ئىشلىدى. بىر قەدەر چوڭقۇر زەھەرلەنگەنچىكە، ئويغانمىغان ئاز ساندىكى پارتىيە ئەزالىرى ۋە «فالۇن گۇڭ» تەشكىلاتىنىڭ تايانچىلىرى بىلەن پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ مەسئۇللىرى بىۋاسىتە سۆزلىشىپ، ئۇلارنىڭ تېز ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولدى. قىسمەن ئورۇنلار بەزى تايانچىلار ۋە مۇھىم شەخسلەرنى ئۆگىنىش كۇرسىغا تەشكىللىدى، پارتىيە تەشكىلاتى ئاجراتقان كادىرلار ئۇلار بىلەن يېمەك - ئىچمەك، يېتىش - قوپۇش، ئۆگىنىشتە بىللە بولۇپ، ئۇلارغا تەكرار ۋە سەۋرچانلىق بىلەن خىزمەت ئىشلىدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە 3 بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئۇيۇشتۇرۇپ، قىسمەن ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇش، تەربىيىلەش، ئۆزگەرتىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلدى. 3) سىياسەت قاتتىق ئىگىلىنىپ، مەشىق قىلغان پارتىيە ئەزالىرىغا تەشكىلىي چارە كۆرۈش ۋە ئىنتىزام جازاسى بېرىش خىزمىتى پائال، پۇختا ئىشلەندى. ج ك پ مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى بىلەن تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ «پىكرى»نىڭ روھىغا ئاساسەن، تەكرار پەرقلەندۈرۈش ئاساسىدا، بۆرۈلۈش ياسىغان پارتىيە ئەزالىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئازاد قىلىندى. 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، مەشىق قىلغان پارتىيە ئەزالىرىنىڭ 48.99%ى ئازاد قىلىندى. تەشكىلىي چارە كۆرۈشكە ۋە ئىنتىزام جازاسى بېرىشكە تېگىشلىك ئايرىم پارتىيە ئەزالىرىغا، تەشكىلات بۆلۈمى بىلەن ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى پاكىتلارنى تەكرار ئەمەلىيلەشتۈرۈپ دەلىللىگەندىن كېيىن، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ «پىكىر»نىڭ روھى بويىچە مۇۋاپىق تەشكىلىي چارە كۆرۈشكە ۋە ئىنتىزام جازاسى بېرىشكە يېتەكچىلىك قىلدى.

يۈ ۋېنخۇي

## ئاپتونوم رايونلۇق تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقلىرى يىغىنى

بۇ يىغىن 1999 - يىل 2 - ئاينىڭ 10 — 12 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ

باشلىقى لى كاڭنىڭ مەملىكەتلىك تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقلىرى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى. ئاپتونوم رايوننىڭ 1999 - يىللىق تەشۋىقات خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى. شۇجى ۋاڭ لېچۈەن مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ سۆزىدە تەشۋىقات خىزمىتىدە پارتىيىۋىلىك پرىنسىپىدا، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە، ئىتتىپاقلىق، مۇقىملىق، غەيرەتكە كېلىشتە چىڭ تۇرۇش، ئىجابىي تەشۋىقاتنى ئاساس قىلىش لازىم. ئومۇمىيەتنى ئاساس قىلىپ، شىنجاڭدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ۋە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدىكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق ھەر مىللەت خەلقىگە ۋەتىنىمىزنىڭ قۇدرىتىنى ھېس قىلدۇرۇش، ئۇلارنىڭ كومپارتىيىگە ئەگىشىپ مېڭىش ئىشەنچى ۋە ئىرادىسىنى چىڭىتىش، ئۇلارنى ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قەتئىي قوغداپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى ئالغا ئىلگىرىلىتىشكە يېتەكلەش لازىم، دەپ تەكىتلىدى. ئۇ يەنە «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىگە دائىر تەشۋىقاتنى زور كۈچ بىلەن ئېلىپ بېرىپ، بۇ تەربىيىنى كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئېڭىغا سىڭدۇرۇش لازىم، دەپ تەكىتلىدى. چېن دېمىن، خۇ جيايەن، مەتتىمىن زاكىر، ۋاڭ گويجېن قاتارلىق رەھبەرلەر يىغىنغا قاتناشتى، يىغىنغا ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈملىرىنىڭ باشلىقلىرى، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئىشخانىلىرىنىڭ مۇدىرلىرى، ئاپتونوم رايوننىڭ تەشۋىقات - مەدەنىيەت سىستېمىسىغا تەۋە ئورۇنلارنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى، ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار كومىتېت، ئىشخانا، خەلق تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋە ئاپتونوم رايوندىكى تەشۋىقات - مەدەنىيەت خىزمىتى ئالاقە نۇقتىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشتى.

شىن جيەن

## مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى خىزمىتى

ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى «ئاپتونوم رايوننىڭ 17 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا پىكىر» تارقاتتى، ئۇنىڭدا تەربىيە ئېيى پائالىيىتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ مۇھىم سۆزىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، «بەش قاراش» تەربىيىسىنى داۋاملىق چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشتىن ئىبارەت دەپ كۆرسىتىلدى. تەشۋىقات بۆلۈمى «يولداش جياڭ زېمىننىڭ مۇھىم سۆزلىرى» دېگەن كىتابنى تۈزۈپ تارقاتتى، ئوقۇتۇش چىقىرىپ، جايلاردىن «جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتى» دېگەن تېلېۋىزىيە تارىخىي فىلىمنى كۆرۈشنى تەلەپ قىلدى، يەنە سىن لېنتىسى، VCD پلاستىنكىسى ئىشلەپ جايلارغا تارقاتتى. «شىنجاڭ تارىخىغا دائىر ئاددىي ئوقۇشلۇق»، «شىنجاڭ تارىخى توغرىسىدا 100 سوئال - جاۋاب»، «شىنجاڭنىڭ 2000 يىلى» دېگەن 3 كىتابنى ئوقۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم شارائىتىدىكى مىللەت، دىن مەسىلىسىنى ئۆگىنىش پروگراممىسى»، «ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئاتېئىزم تەربىيىسى ئوقۇشلۇقى»، «كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاتېئىزم ئوقۇشلۇقى» ۋە ئەدەبىي ئاخبارات «دۆ ياڭفۇ» قاتارلىق ئۆگىنىش ماتېرىياللىرىنى تۈزۈپ جايلارغا تارقاتتى. كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار، ئامما ئۆگىنىش، كىتاب ئوقۇش ئارقىلىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈردى، چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈش قىزغىنلىقى ۋە ئاكتىپلىقىنى ئۇرغۇتتى.

1999 - يىلى جايلار مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى ئۈلگىلىك ئورۇنلار ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلىدى.

نامراتلارنى يۆلەش، قىيىنچىلىقتا قالغانلارغا ياردەم بېرىش مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتىنىڭ بىر مۇھىم مەزمۇنى قىلىندى. بۇ خىزمەت ئارقىلىق پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بولغان ئالاقىسى قويۇقلاشتى، پارتىيىنىڭ خەلق ئاممىسى ئارىسىدىكى ئابرويى تىكلەندى، ھەر مىللەت نامرات ئائىلىلەر پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مېھىر - شەپقىتى ۋە غەمخورلۇقىنى ھەقىقىي ھېس قىلدى.

1999 - يىلى تەشۋىقات بۆلۈمى مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى ۋۇ دېڭيۈننىڭ ئىش - ئىزلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلدى ھەمدە مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى، تەشكىلات بۆلۈمى، سەھىيە مىنىستىرلىكى ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەتكە تەشۋىق قىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم ئۇيۇشتۇرغان ۋۇ دېڭيۈننىڭ ئىلغار ئىش - ئىزلىرىنى دوكلات قىلىش ئۆمىكى بېيجىڭدا دوكلات بېرىپ، كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى. مەملىكەتنىڭ جاي - جايلىرىدا ۋۇ دېڭيۈندىن ئۆگىنىش، ۋۇ دېڭيۈننى تەشۋىق قىلىش، ۋۇ دېڭيۈنچە ياخشى پارتىيە ئەزاسى، ياخشى كادىر، ياخشى ئىشچى - خىزمەتچى، ياخشى دوختۇر بولۇش پائالىيىتى كەڭ ۋە چوڭقۇر قانات يېيىپ كەتتى، بۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايوننىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى خىزمىتى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلدى.

جاڭ رۇپىڭ

## تەشۋىقات خىزمىتى ۋە ئىدىيىۋى خىزمەت

ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى 1999 - يىلى

«نۆۋەتتە كادىرلارنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، ئاپتونوم رايوندىكى پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى، پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ ۋە 15 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا قىلغان سۆزىنى ۋە شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم مەركىزىي گۇرۇپپىلىرىنىڭ ئۆگىنىشىنى ۋە خىزمەتتىكى كادىرلارنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىشىنى سىناش، تەكشۈرۈش خىزمىتىنى نۇقتىلىق تۇتتى. 11 - ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە 15 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى. جايلار، تارماقلار «فالۇن گۇڭپىسى»نى پاش قىلىش، تەنقىد قىلىش كۈرىشىگە ماسلاشتۇرۇپ، سۆھبەت يىغىنى، دوكلات يىغىنى، لېكسىيە يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇپ ماركسىزملىق ماتېرىيالىزم ۋە ئاتېئىزمنى تەشۋىق قىلىپ، «فالۇن ئەقىدىسى» پەيدا قىلغان يامان تەسىرنى تازىلىدى.

ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ مۇھىم سۆزلىرىنى كىتابچە قىلىپ، «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىدە مۇھىم ئۆگىنىش ماتېرىيالى قىلىش ئۈچۈن جايلارغا تارقاتتى. پارتىيىنىڭ مەركىزىي خىزمىتىنى دەۋرىي قىلىپ، چوڭ - چوڭ پائالىيەتلەر ۋە مۇھىم يىغىنلارنىڭ ئەھۋالىنى تەشۋىق قىلىش، خەۋەر قىلىش ئىشىنى ئەستايىدىل ئۇيۇشتۇردى. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش جەھەتتىكى تەشۋىقاتنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىنى كۈچەيتىش، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە پۇل مۇئامىلە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى ۋە مەركىزىي كومىتېتنىڭ، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىنى مەركەزلىك تەشۋىق قىلدى، جايلارنىڭ، تارماقلارنىڭ تەدبىرلىرىنى ۋە ئېرىشكەن نەتىجىلىرىنى خەۋەر قىلدى. «(ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش) تەربىيىسىنى تەشۋىق قىلىش - خەۋەر قىلىش توغرىسىدا پىكىر» تارقىتىپ، تەشۋىقاتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى، خەۋەر قىلىشنىڭ تەلەپلىرىنى ۋە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى.

5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى جۇڭگونىڭ يۇگوسلاۋىيە ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنى ۋەھشىيلەرچە بومباردىمان قىلغاندىن كېيىن، ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى مەركەزنىڭ ۋە ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، ئاساسلىق ئاخبارات ئورۇنلىرىنى ھۆكۈمىتىمىزنىڭ ھەققانىي مەيدانىنى ۋە مەركەز رەھبەرلىرىنىڭ مۇھىم سۆزلىرىنىڭ روھىنى ۋاقتىدا خەۋەر قىلىشقا ئۇيۇشتۇردى. ئىنقىلابىي قۇربان شاۋ يۈنخۇەي، شۈي شىڭخۇ، جۇ يىڭلارنىڭ ۋە جۇڭگونىڭ يۇگوسلاۋىيە ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق خادىملىرىنىڭ قەھرىمانلىق ئىش - ئىزلىرى ۋە ئالىيجاناب روھىنى گەۋدىلىك تەشۋىق قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىغا ئىلھام بەردى.

4 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، تەشۋىقات بۆلۈمى 17 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقاردى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى شىنجاڭ تارىخى توغرىسىدىكى چوڭ تىپتىكى تېلېۋىزىيە فىلمى «جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتى»نى خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە قاناللاردا كۆرسەتتى.

تەشۋىقات بۆلۈمى پىلان كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان «شانلىق مۇساپە — جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش بويىچە مۇۋەپپەقىيەتلەر كۆرگەزمىسى» تەشكىللەش مۇكاپاتى ۋە ئەڭ ياخشى لايىھەلەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. تەشۋىقات بۆلۈمى كۆرگەزمىگە ماسلاشتۇرۇپ «يۇتيەنئۇ بار بۇ نەغمىدە» ناملىق تەشۋىق قوللانمىسىنى ۋە «رەڭدارەڭ شىنجاڭ» ناملىق VCD پلاستىنكىسىنى نەشر قىلدۇردى، شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇش مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان تېلېۋىزىيە فىلمى — «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى» ۋە «شىنجاڭ زېمىنى»نى سۈرەتكە ئېلىشقا تەشكىلاتچىلىق قىلدى.

تەشۋىقات بۆلۈمى 1999 - يىلى يوللىغان كىنو فىلىمى «ۋىجدان»، تېلېۋىزىيە تىياتىرى «سوتچى ھاشىم»، ئوپېرا «باياۋاندىكى قىز»، رادىئو دراممىسى «دوست»، ناخشا «مەڭگۈلۈك مۇھەببەت»، كىتاب «ماركس - ئېنگېلسنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىدىيىسى توغرىسىدا»، نەزەرىيىۋى ماقالە «يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى بايانلىرىنى ئۆگىنىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرەيلى» ۋە «ماركسىزملىق دۆلەت قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك شەرەپلىك ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرايلى» مەملىكەتلىك 7 - نۆۋەتلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدا «بەش بىر قۇرۇلۇشى» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، ش ئۇ ئا ر تەشۋىقات بۆلۈمى تۇنجى قېتىم «بەش بىر قۇرۇلۇشى» تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

3 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى باشقۇرغان، تەشۋىقات بۆلۈمى ئۇيۇشتۇرغان شىنجاڭنىڭ چوڭ تىپتىكى مىللىي ناخشا - ئۇسسۇلى «بىزنىڭ شىنجاڭ ياخشى

جاي» بېيجىڭدا ئوينالدى، پارتىيە، دۆلەت رەھبەرلىرىدىن جياڭ زېمىن، جۇ رۇڭجى، خۇ جىنتاۋ، ۋېي جيەنشىڭ، لى لەنچىڭ ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ ۋە مەركەزدىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرى تۈنجى مەيدان ئويۇننى كۆردى.

ما يۇڭجۇ

## «ۋۇ دېڭيۈەندىن ئۆگىنىش، ۋۇ دېڭيۈەننى تەشۋىق قىلىش» پائالىيىتى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى

ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى بۇ پائالىيەتنى ئاپتونوم رايوندىكى مۇھىم سىياسىي پائالىيەت قاتارىغا قويۇپ، چوڭقۇر، پۇختا قانات يايدۇردى، بۇ پائالىيەت ئاپتونوم رايوننىڭ ھەممە شەھەر - يېزىلىرىدا، مەملىكەتنىڭ جاي - جايلىرىدا كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلىپ، ئوبدان ئۈنۈم بەردى.

1999 - يىلىنىڭ بېشىدا، مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى، تەشۋىقات بۆلۈمى، سەھىيە مىنىستىرلىكى ۋۇ دېڭيۈەننى مەملىكەت بويىچە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم تىپ قىلىپ تەشۋىق قىلىشنى قارار قىلغاندىن كېيىن، ش ئۇ ئا ر پارتكوم بۇنىڭغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى، تەشكىلات بۆلۈمى بىلەن تەشۋىقات بۆلۈمى خىزمەت بەنزىسى تەشكىللەپ مەركەزنىڭ مەركەزلىك تەشۋىقات قىلىشىغا ماسلىشىشنىڭ ئەمەلىي لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقتى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى 3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ۋۇ دېڭيۈەنگە «ئۈلگىلىك كومپارتىيە ئەزاسى» دەپ نام بەردى، 4 - ئاينىڭ 9 - كۈنى «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتىدىكى ئىلغار شەخس» دەپ نام بەردى؛ ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگوڭتىڭى بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى بەنگوڭتىڭى 3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ئاپتونوم رايوندا يولداش ۋۇ دېڭيۈەندىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى دەرھال يېڭى دولقۇنغا كۆتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. 4- ئاينىڭ 19 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋۇ دېڭيۈەننى ئاپتونوم رايوننىڭ 4 بەنزىسىدىكىلەرگە ۋە مۇئاۋىن نازىر دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلارغا دوكلات بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. شۇجى ۋاڭ لېچۈەن ۋۇ دېڭيۈەننىڭ دوكلاتى ئاخىرلاشقاندا، ۋۇ دېڭيۈەندىن ئۆگىنىشنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا كونكرېت تەلەپلەرنى قويدى.

ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش مەزگىلىدە ش ئۇ ئا ر ۋۇ دېڭيۈەندىن ئۆگىنىش - تەشۋىق قىلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ۋە ئۇنىڭ ئىشخانىسى ئاپتونوم رايوننىڭ جاي - جايلىرىغا، ئالاقىدار ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلارغا ۋە مەركەزدىكى دۆلەت ئورگانلىرىغا ۋۇ دېڭيۈەندىن ئۆگىنىشكە دائىر ئاسما رەسىم، ئەدەبىي ئاخبارات توپلىمى، خەۋەر - ئوچېرك توپلىمى قاتارلىقلاردىن 10 مىڭ يۈرۈش تارقاتتى؛ ۋۇ دېڭيۈەندىن ئۆگىنىش ئاساسىي تېما قىلىنغان «1- ئىيۇل» تېلېۋىزىيە ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزدى؛ ۋۇ دېڭيۈەننىڭ ئىلغار ئىش - ئىزلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن دراما «ۋۇ دېڭيۈەن» ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەر، يېزىلىرىدا 80 مەيدان قويۇلدى، كۆرگەنلەر 100 مىڭ ئادەم (قېتىم) دىن ئاشتى. مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى، تەشۋىقات بۆلۈمى، سەھىيە مىنىستىرلىكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، 7 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ۋۇ دېڭيۈەننىڭ ئىش - ئىزلىرىنى دوكلات قىلىش ئۆمىكى تەشكىللەندى، بۇ ئۆمەك بېيجىڭ، شەندۇڭ، جياڭسۇ، شاڭخەيلەردە دوكلات بېرىپ قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشتى. مەركەز رەھبەرلىرىدىن لى لەنچىڭ، دىڭ گۇەنگېن، زېڭ چىڭخۇڭلار دوكلات ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى بىلەن سەمىمىي كۆرۈشتى.

ۋۇ دېڭيۈەندىن ئۆگىنىپ، ۋۇ دېڭيۈەننى تەشۋىق قىلىش پائالىيىتى ئارقىلىق، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى چېگرا رايوندا يىلتىز تارتىش، چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈش، جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش بويىچە چوڭقۇر تەربىيىگە ئىگە بولدى، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش جەھەتتە بىر قېتىملىق جانلىق قايتا تەربىيىگە ئىگە بولدى.

ۋۇ جەنجۇڭ

## ئاپتونوم رايونلۇق بىرلىك سەپ بۆلۈم باشلىقلىرى يىغىنى

بۇ يىغىن 1999 - يىل 2 - ئاينىڭ 10 — 11 - كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىنغا ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پارتكوملار، بىڭتۇەن پارتكومى بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىرى ۋە ئىشخانا مۇدىرلىرى، ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، قىسمەن ئالىي مەكتەپلەر، چوڭ كارخانىلاردىكى بىرلىك سەپ خىزمىتىگە مەسئۇل يولداشلار، ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى، شىنجاڭ سوتسىيالىزم ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى بولۇپ 70تىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى.

يىغىننىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى مەملىكەتلىك بىرلىك سەپ بۆلۈم باشلىقلىرى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈش، ئاپتونوم

رايونىنىڭ 1998 - يىللىق بىرلىك سەپ خىزمىتىنى يەكۈنلەش، 1999 - يىللىق بىرلىك سەپ خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ئىسمائىل تىلىۋالدى يىغىندا كېلىپ مۇھىم سۆز قىلدى.

خې لىشياۋ

## ش ئۇ ئا ر پارتكوم ئاچقان سۆھبەت يىغىنلىرى، ئەھۋال مەلۇم قىلىش يىغىنلىرى

1999 - يىل 2 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ئىسمائىل تىلىۋالدى باھار بايرىمىنى كۈتۈۋېلىش سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشقان ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇرېھىم ھاجى ئىمىن، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، دېموكراتىيە ئىتتىپاقى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مۇدىرى جۇ جېنجۇڭدىن ۋە دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ مەسئۇللىرىدىن ھال سورىدى. ئىسمائىل تىلىۋالدى ئۇلاردىن ئۆگىنىشنى، ئىتتىپاقلىقنى، ئۆز قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىپ، مەركىزىي خىزمەتنى دەۋرىي قىلىپ، ئومۇمىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقى ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشنى ئۈمىد قىلدى.

7 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئىسمائىل تىلىۋالدى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مەسئۇللىرىنى چاقىرىپ، ئەھۋال مەلۇم قىلىش يىغىنى ئاچتى. چېن دېمىن ۋە ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ رەھبىرى يىغىنغا قاتناشقانلارغا مەركەزنىڭ «فالۇن گۇڭ مەسىلىسى»نى بىر تەرەپ قىلىش ۋە ھەل قىلىش توغرىسىدىكى روھىنى مەلۇم قىلدى. چېن دېمىن، ئىسمائىل تىلىۋالدىلار دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىدىن ئىدىيىسىنى مەركەزنىڭ روھى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، مەيداندا قەتئىي بولۇپ، بايراقنى روشەن قىلىپ، جىددىي، ئەستايىدىل پوزىتسىيىدە بولۇپ، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ بۇ خىزمەتنى مەركەزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ياخشى ئىشلىشىگە ياردەملىشىپ، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداشتىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. يىغىنغا ئابدۇرېھىم ھاجى ئىمىن، جۇ جېنجۇڭ ۋە باشقا دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ، سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشتى.

9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جۇ شېڭتاۋ دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار ۋە سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى مەسئۇللىرىنىڭ سۆھبەت يىغىنىغا قاتنىشىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى كۆپ پارتىيە ھەمكارلىشىش ۋە سىياسىي جەھەتتە مەسلىھەتلىشىش تۈزۈمىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى پىكرى» (ج ك پ [1989] 14 - نومۇرلۇق ھۆججەت) نى ئىزچىللاشتۇرۇش ئەھۋالى ئۈستىدە پىكىر ئالدى. يىغىنغا قاتناشقانلار مەركەزنىڭ 14 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇلغانلىقى ھەققىدە كەڭ كۆلەمدە سۆزلەشتى ۋە بەزى پىكىر، تەكلىپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

جۇ شېڭتاۋ ئاخىرىدا مۇھىم سۆز قىلىپ، بىرلىك سەپ — پارتىيىمىزنىڭ بىر مۇھىم ئەنگۈشتىرى، كۆپ پارتىيە ھەمكارلىشىش — دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ سىياسىي تۈزۈمى، ئۇنى ئېغىشماي ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك دەپ تەكىتلىدى.

جاۋ يۇلەن

## ئاپتونوم رايون دىن خىزمىتى ئۈستىدە تەكشۈرۈش - تەتقىقات ئېلىپ باردى

1999 - يىل 5 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى، ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەلگىلىگەن دىن خىزمىتىنى تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىش بويىچە 2 گۇرۇپپا تەشكىللىدى، بۇ گۇرۇپپىلار جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭلاردىكى 3 ۋىلايەت، 11 ناھىيە (شەھەر)، 18 يېزا (بازار)، 14 مەمۇرىي كەنت (ئاھالىلەر كومىتېتى) كە بېرىپ دىن خىزمىتى ئۈستىدە تەكشۈرۈش - تەتقىقات ئېلىپ باردى. «قەشقەر، خوتەن ۋىلايەتلىرىنىڭ دىن خىزمىتى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈش - تەتقىقات ئەھۋالى توغرىسىدا دوكلات» ۋە «ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ ئالاقىدار يىغىنلىرىنىڭ روھىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالى توغرىسىدىكى تەكشۈرۈش - تەتقىقات دوكلاتى»نى تەييارلاپ چىقتى. بۇلاردا ئاپتونوم رايوننىڭ دىن خىزمىتىنى يەنىمۇ ئوبدان ئىشلەش توغرىسىدا تەكلىپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

ۋاڭ فۇرۇڭ

## پارتىيە سىرتىدىكى رەھبىرىي كادىرلارنى سەپلەش ئەھۋالى

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم پارتىيە سىرتىدىكى رەھبىرىي كادىرلارنى سەپلەش خىزمىتىنى كۈچەيتتى. پارتىيە سىرتىدىكى زات ئابدۇرېھىم ھاجى ئىمىننى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە، دۇ چىنرۇينى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى. 1999 - يىلىنىڭ

ئالغىنىغا قەدەر، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنزىسگە پارتىيە سىرتىدىكى كادىردىن بىرى، ۋىلايەت، شەھەر، نازارەت دەرىجىلىك بەنزىگە پارتىيە سىرتىدىكى كادىردىن 2 سى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، نازارەت (ئىدارە) لەرنىڭ باشقارما، ئىشخانىلىرىغا پارتىيە سىرتىدىكى رەھبىرىي كادىردىن 77 سى، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا پارتىيە سىرتىدىكى باشقارما دەرىجىلىك كادىردىن 50ى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ناھىيە (باشقارما) دەرىجىلىك پارتىيە سىرتىدىكى زاتتىن 541ى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

ۋۇ پىڭ

## ھەر مىللەت كادىرلىرى مەركىزىي كومىتېت، دۆلەت ئورگانلىرى ۋە قىسمەن ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارغا ۋەزىپە بىلەن چېنىقىشقا ئەۋەتىلدى

1999 - يىل 5 — 11 - ئايغىچە ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، بىرلىك سەپ بۆلۈمى، مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتى 20 كادىرنى (نازارەت دەرىجىلىكى 3، باشقارما دەرىجىلىكى 17) مەركىزىي كومىتېت، دۆلەت ئورگانلىرىغا ۋە بېيجىڭ، شاڭخەي، تيەنجىن، گۇاڭجۇ، شېنياڭ، شەندۇڭ قاتارلىق جايلارغا ۋەزىپە بىلەن چېنىقىشقا ئەۋەتتى.

ۋۇ جيەنپىڭ

## ناھىيە - شەھەر بىرلىك سەپ بۆلۈم باشلىقلىرىنىڭ 11 - قارارلىق كۇرسى

بۇ كۇرسنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى 1999 - يىل 4 - ئاينىڭ 13 — 30 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئاچتى. كۇرستا 41 ناھىيە (شەھەر) نىڭ بىرلىك سەپ بۆلۈم باشلىقلىرى، مۇئاۋىن باشلىقلىرى بولۇپ 45 كىشى قاتناشتى. ئىسمائىل تىلىۋالدى كۇرسانتلارنى يوقلىدى ۋە مۇھىم سۆز قىلدى.

دۇەن چياۋلى

## دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھ كادىرلىرىنىڭ 9 - قارارلىق كۇرسى

1999 - يىل 3 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى بىلەن شىنجاڭ سوتسىيالىزم ئىنستىتۇتى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھ كادىرلىرىنىڭ 9 - قارارلىق كۇرسىنى ئاچتى. بۇ كۇرستا گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى، دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى، دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى، ئىشچى - دېھقانلار پارتىيىسى، 3 - سېنتەبىر ئىلمىي جەمئىيىتى قاتارلىق دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىدىن كەلگەن 33 كۇرسانت قاتناشتى. ئىسمائىل تىلىۋالدى كۇرسانتلارنى يوقلىدى ۋە مۇھىم سۆز قىلدى.

جاۋ يۈلەن

## ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەش ئەھۋالى

1999 - يىل 3 - ئاينىڭ 3 — 23 - كۈنىگىچە توقۇمىچىلىق سانائىتى نازارىتىدىن نەبىيە مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى بىلەن شياڭگاڭ پېيخۇا مائارىپ فوندى جەمئىيىتى سودا - سانائەت كەسپى بويىچە شياڭگاڭدا ئاچقان 68 - قارارلىق مۇھاكىمە كۇرسىغا قاتناشتى.

4 - ئاينىڭ 15 — 27 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايوندىن زوردۇن خوجا، ما دېڭفېڭ قاتارلىق 11 نەپەر نازارەت دەرىجىلىك كادىر مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى بىلەن شياڭگاڭ پېيخۇا مائارىپ فوندى جەمئىيىتى شياڭگاڭدا ئاچقان ئاز سانلىق مىللەت ئوبلاست باشلىقلىرىنىڭ 11 - قارارلىق ئىگىلىك باشقۇرۇش مۇھاكىمە كۇرسىغا قاتناشتى.

4 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ 6 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايوندىن 33 نەپەر ناھىيە (باشقارما) دەرىجىلىك كادىر مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى سۇجۇ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى ئوقۇتۇش بازىسىدا ئاچقان شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەت ناھىيە دەرىجىلىك كادىرلىرىنىڭ 5 - قارارلىق ئىگىلىك باشقۇرۇش كۇرسىغا قاتناشتى.

6 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايوندىن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشكە ئەزا بولغان 6 نەپەر ئاز سانلىق مىللەت خادىم مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى بېيجىڭدا ئاچقان دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش كۇرسىغا قاتناشتى.

ۋۇ جيەنپىڭ

## جۇڭخۇا تالانت ئىگىلىرى فوندى جەمئىيىتى ئاپتونوم رايوندىكى پارتىيە سىرتىدىكى زىيالىيلارنىڭ كىتاب چىقىرىشىغا ياردەم بەردى

مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى مەملىكەت ئىچى - سىرتىدىكى كارخانىچىلاردىن ئىئانە توپلاش ئارقىلىق قۇرغان جۇڭخۇا تالانت ئىگىلىرى فوندى جەمئىيىتى 1999 - يىلى 80 مىڭ يۈەن مەبلەغ چىقىرىپ، پارتىيە سىرتىدىكى 3 زىيالىينىڭ كىتاب چىقىرىشىغا ياردەم بەردى. ئۇلار شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ماتېماتىكا فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى، پروفېسسور خەن دۇڭ تۈزگەن «ئىقتىساد ۋە پۇل مۇئامىلە ماتېماتىكا

مودېلىنىڭ نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئالتاي تىللىرى تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى، پروفېسسور جۇ رۇجى تۈزگەن «ئۇيغۇر بۇددىزم ئەدەبىياتى — پارىژدا ساقلىنىۋاتقان دۇنخۇاڭ ئۇيغۇرچە بۇددىزم ھۆججەتلىرىنى رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى لىن دۇەن تۈزگەن «قاپىيەشۇناسلىق» تىن ئىبارەت.

لى پېيجۇن

## سىياسىي - قانۇن خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سىياسىي - قانۇن تارماقلىرى ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ ۋە مەركەزدىكى سىياسىي - قانۇن تارماقلىرىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە يېتەكچىلىكىدە، مىللىي بۆلگۈنچى - تېرروررچى كۈچلەرگە قارشى كۈرەشنىڭ زور غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ سىياسىي - ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى ئۈنۈملۈك قوغداپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىپ بەردى.

ھەر دەرىجىلىك سىياسىي - قانۇن تارماقلىرى «تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇم قىلىش، باش كۆتۈرگەن ھامان زەربە بېرىش، ئاكتىپ مۇداپىئە كۆرۈش» فاڭجېنىدا باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، ئىچكى - تاشقى مىللىي بۆلگۈنچى، تېرروررچى كۈچلەرنىڭ ھەرخىل بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بەردى. 1 - ئايدىن 11 - ئايغىچە مىللىي بۆلگۈنچىلىك - تېرروررچىلىق تەشكىلاتى ۋە شايكىسىدىن 48نى قولغا چۈشۈرۈپ، دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە زىيان يەتكۈزگەن بىر تۈركۈم جىنايەتچىلەرنى قانۇن بويىچە جازالىدى. «قاتتىق زەربە بېرىش» كۈرىشىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، جەمئىيەت ئامانلىقىغا زىيان يەتكۈزگەن ھەرخىل جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قاتتىق زەربە بەردى. ھەرخىل جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن 20 مىڭ 773نى پاش قىلدى، پاش قىلىنغان دېلونىڭ مۇتلەق سانى 1998 - يىلدىكىدىن %7، پاش قىلىش نىسبىتى %4 ئاشتى. جىنايەت گۇماندارىدىن 20 مىڭ 759 كىشى قولغا چۈشۈرۈلدى، تەپتىش ئورگانلىرى 11 مىڭ 809 كىشىنى قولغا ئېلىشقا تەستىقلىدى، 12 مىڭ 3 كىشىنى ئەيىبلىدى، سوت مەھكىمىلىرى 10 مىڭ 738 جىنايى ئىشلار دېلوسى ئۈستىدە 1 - سوتتا ھۆكۈم چىقاردى، ئالدىنقى يىلدىن قالغان دېلو بىلەن قوشقاندا، 15 مىڭ 407 جىنايەتچىگە ھۆكۈم ئېلان قىلدى. بىر تۈركۈم ئىقتىسادىي جىنايەت دېلولىرىنى قانۇن بويىچە ئېنىقلىتىپ، قاتتىق بىر تەرەپ قىلىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرتىپىنى قوغدىدى.

مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش بويىچە مەخسۇس كۈرەش چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى 17 مىڭدىن ئارتۇق كادىر ئاجرىتىپ، 5 نۇقتىلىق ۋىلايەت، ئوبلاستتىكى 30 نۇقتىلىق ناھىيە (شەھەر)، 267 نۇقتىلىق يېزا (بازار)، 1122 نۇقتىلىق كەنتتە 200 كۈن مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش كۈرىشى ئېلىپ بېرىپ، يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، بەزى جايلاردا ئەدەپ كەتكەن قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەر ئۈنۈملۈك تىزگىنلەندى، نۇرغۇن جايلارنىڭ ئامانلىقى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. بىدئەت تەشكىلاتقا قاتتىق زەربە بېرىلدى، «فالۇن گۇمپىسى»نى مەشىق قىلغۇچى 13 مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى تەربىيىلەش، ئۆزگەرتىش يۈزىسىدىن نۇرغۇن خىزمەت ئىشلەندى، جاھىل پوزىتسىيىدە بولغان ئىنتايىن ئاز ساندىكى تايانچ ئۇنسۇرلارغا قانۇن بويىچە چارە كۆرۈلدى، 2 كىشى قولغا ئېلىندى، 11 كىشى ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەندى، 88 كىشىگە ئامانلىق ساقلاش بويىچە جازا بېرىلدى.

ۋاڭ بېيتاڭ

## مەخپىيەتلىكنى ساقلاش خىزمىتى

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر دۆلەت مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارىسى كومپيۇتېر ئۇچۇر سىستېمىسىنى تېخنىكىلىق مۇداپىئە قىلىشنى باشقۇرۇش، مەخپىيەتلىك دەرىجىسىنى بېكىتىشنى قېلىپلاشتۇرۇش خىزمىتىنى نۇقتىلىق ئوبدان ئىشلىدى ۋە مەخپىيەتلىككە چېتىشلىق نۇقتىلىق خادىملارنى تەربىيىلەش ۋە باشقۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى تۇتتى.

1 - ئايدا، ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە كومپيۇتېر ئۇچۇر سىستېمىسىنىڭ BO قارا مېھمان پروگراممىسىنى تەكشۈرۈش ۋە تازىلاش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلدى. 200 دىن ئارتۇق نۇقتىلىق ئابونېنتنىڭ كومپيۇتېر تور سىستېمىسى تەكشۈرۈلۈپ، كومپيۇتېر سىستېمىسىنىڭ بىخەتەرلىك - مەخپىيەتلىكنى ساقلاش خىزمىتى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

2 - ئايدا «شىنجاڭ مەخپىيەتلىكنى ساقلاش خىزمىتى» ژۇرنىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

3 - ئايدا، ش ئۇ ئا ر مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارىسى مەركەزنىڭ تەلىپى بويىچە، ش ئۇ ئا ر پارتىيە مەكتىپى بىلەن بىرلىكتە مۇزاكىرە قىلىپ، پارتىيە مەكتىپىدە مەخپىيەتلىكنى ساقلاش دەرسى تەسىس قىلىشنى، ئوقۇتۇش مەزمۇنىنى كادىرلارنى ئوقۇتۇش پىلانىغا كىرگۈزۈشنى قارار قىلدى.

مەخپىيەتلىكنى ساقلاش بويىچە تېخنىكىلىق مۇداپىئە كۆرۈش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ش ئۇ ئا ر پارتكوم مەخپىيەتلىكنى ساقلاش كومىتېتى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەخپىيەتلىكنى ساقلاش بويىچە تېخنىكىلىق مۇداپىئە

ئۈسكۈنىلىرى بىلەن قوراللىنىش ئۆلچىمى»نى تۈزۈپ تارقاتتى.

5 ـ ئايدا «مەخپىيەتلىكنى ساقلاش قانۇنى» يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن، ئاپتونوم رايون مىقياسىدا «مەخپىيەتلىكنى ساقلاش قانۇنچىلىقى بويىچە تەشۋىقات گېزىتى كۆرگەزمىسى» ئۇيۇشتۇرۇلدى. ھەر دەرىجىلىك مەخپىيەتلىكنى ساقلاش تارماقلىرى «لاتا گېزىت» ئەسىرىدىن 260 نەچچىنى تەييارلاپ ئەۋەتتى، بۇلار ئۈرۈمچى خەلق مەيدانىدا تۇنجى قېتىم كۆرگەزمە قىلىنغاندىن كېيىن، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە سەييارە كۆرگەزمە قىلىندى. جۇ شېڭتاۋ، خۇ جيايەن قاتارلىق رەھبەرلەر ۋە 10 مىڭدىن ئارتۇق كادىر كۆرگەزمىنى كۆردى.

ئىنتېرنېت تورىدا دۆلەت مەخپىيىتىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارىسى «تېلېفون نومۇرلىرىنىڭ مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىشىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

6 ـ ئايدا دۆلەت مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارىسىنىڭ بەلگىلىمىسىگە بىنائەن، ئاپتونوم رايوندىكى مەتبەئە، كۆپەيتىپ ياساش كەسىپلىرى قانۇننى ئىجرا قىلىش نۇقتىسىدىن تەكشۈرۈلدى، بۇ تەكشۈرۈشتە نۇقتا قىلىپ بەلگىلەنگەن كۆپەيتىپ ياساش ئورنىدىن 119ى تەكشۈرۈلدى. بۇ ئورۇنلار قايتىدىن تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى، بۇنىڭ بىلەن دۆلەت مەخپىيىتى توشۇغۇچىلىرىنى كۆپەيتىپ ياساش نۇقتىسى قىلىنغان ئورۇنلارغا قارىتىلغان باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. ئۈرۈمچى رايونىدا دۆلەت مەخپىيىتى توشۇغۇچىلىرىنى بېسىش، كۆپەيتىپ ياساش سالاھىيىتىگە ئىگە 14 ئورۇن تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى ھەم نۇقتا قىلىنغان ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن مەخپىيەتلىكنى ساقلاش كېلىشىمنامىسى تۈزۈلدى.

7 ـ ئايدا، ش ئۇ ئا ر مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارىسى دۆلەت مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارىسىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن، ج خ، ئاخبارات ـ نەشرىيات، سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى بىلەن بىرلىكتە، مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلايدىغان نەشر بۇيۇملىرىنى تەكشۈردى. كىتاب ـ ژۇرنال توپ سېتىش بازىرىدىن 2نى، كىتابخانىدىن 123نى، كىتاب ـ گېزىت يايما ئورنىدىن 537نى تەكشۈرۈپ، مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلايدىغان بىر تۈركۈم قانۇنسىز نەشر بۇيۇملىرىنى قولغا چۈشۈردى.

8 ـ ئايدا، ئاپتونوم رايوندىكى رەھبەرلەرنىڭ خىزمەت ئورنىنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە مەخپىيىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايوننىڭ مەخپىيەتلىكنى ساقلاش تارمىقى خەۋپسىزلىك، ج خ تارماقلىرى بىرلىكتە ش ئۇ ئا ر پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگىنى ۋە ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى رەھبەرلىرىنىڭ خىزمەت ئورنىنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىتنى ئۆلچەپ، تەكشۈرۈپ چىقىپ، مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويىدىغان يوشۇرۇن ئاپەتلەر ۋە بىخەتەرلىككە يات ئامىللار ئۈستىدە مۇداپىئە تەدبىرلىرىنى كۆردى.

9 ـ ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارە باشلىقلىرى يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مەخپىيەتلىكنى ساقلاش خىزمىتى كادىرلىرى كۇرسى ئېچىلىپ 140 نەچچە كادىر تەربىيىلەندى.

ش ئۇ ئا ر مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارىسى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ مەخپىيەتلىكنى ساقلاش خىزمىتىنى نىشانلىق باشقۇرۇش ۋە باھالاش ـ نومۇر قويۇش ئۆلچىمى (سىناق نۇسخىسى)نى تۈزۈپ چىقىپ، ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ مەخپىيەتلىكنى ساقلاش خىزمىتىنى يەنىمۇ تۈزۈملەشتۈردى، قېلىپلاشتۇردى ۋە كونكرېتلاشتۇردى.

11 ـ ئايدا، مەخپىيەتلىككە چېتىشلىق خادىملارغا بولغان تەربىيە ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارىسى، كادىرلار نازارىتى ئاپتونوم رايوندىكى مەخپىيەتلىككە چېتىشلىق خادىملارنى مەخپىيەتلىكنى ساقلاش كەسپى بويىچە تەربىيىلەش، قاتتىق تەكشۈرۈشنى، گۇۋاھنامە بىلەن ئىش ئورنىغا چىقىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى ھەمدە بۇ خىزمەتنى ئاپتونوم رايوننىڭ دۆلەت مەمۇرلىرىنى تەربىيىلەش ۋە كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنى داۋاملىق تەربىيىلەش خىزمىتى دائىرىسىگە كىرگۈزۈشنى قارار قىلدى ھەمدە مەخپىيەتلىككە چېتىشلىق خادىملارنى كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەش، گۇۋاھنامە بىلەن ئىش ئورنىغا چىقىرىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقاردى.

12 ـ ئايدا، ش ئۇ ئا ر مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارىسى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كومپيۇتېر ئۇچۇر سىستېمىسىنىڭ مەخپىيىتىنى ساقلاشنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى»نى تۈزۈپ تارقاتتى.

ش ئۇ ئا ر مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارىسىدىن لى خۇڭجۈي «مەخپىيەتلىكنى ساقلاش خىزمىتى» ژۇرنىلى ئۇيۇشتۇرغان مەملىكەت بويىچە ماقالە قوبۇل قىلىش پائالىيىتىدە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندا مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاش دېلوسىدىن 7سى سادىر بولدى، بۇنىڭ 6سى تەكشۈرۈپ ئاياغلاشتۇرۇلدى.

لى خۇڭجۈي

## پېشقەدەم كادىرلار خىزمىتى

1999 ـ يىلى ھەر دەرىجىلىك تەشكىلات، پېشقەدەم

كادىرلار خىزمىتى تارماقلىرى پېشقەدەم كادىرلارنىڭ 2 خىل تەمىناتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىن قول سېلىپ، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ئومۇمىيىتىنى قوغداش يولىدا يېڭى تۆھپىلەرنى قوشتى. ھەر مىللەت پېشقەدەم كادىرلىرى ئارتۇقچىلىقى ۋە تەسىرىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، «فالۇن گوڭپىسى» بىدئەت تەشكىلاتىنى تەنقىد قىلىش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە ئاكتىپ رول ئوينىدى. مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى قاتارلىق ئورۇنلار «پېنسىيىگە (دەم ئېلىشقا) چىققان كادىرلارنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتقاندىن كېيىن، ھەر دەرىجىلىك تەشكىلات، پېشقەدەم كادىرلار خىزمىتى تارماقلىرى يىغىن ئېچىپ كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى، ئەمەلدە ئاقىدىغان كونكرېت تەدبىرلەرنى تۈزۈپ، پېشقەدەم كادىرلارنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمىتىنى ۋە پېنسىيىگە (دەم ئېلىشقا) چىققان كادىرلار پارتىيە ياچېيكىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى. جايلار، تارماقلار دەم ئېلىشقا چىققان 49 ئىلغار كادىرنى، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلار پارتىيە ياچېيكىسىدىن 39 ئىلغار ياچېيكىنى كۆرسەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ياچېيكىسى، چاپچال ناھىيە سۇنجياچىنىرۇ (بەشۇمۇل) يېزىسى ياچېيكىسى، خوتەن شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى ئابدۇرېشىت خالىق، سانجى ئوبلاستلىق پارتكوم يېزا خىزمىتى بۆلۈمىنىڭ سابىق باشلىقى ۋاڭ لىجېن، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 8 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى دۈەن يۆلەنلەر مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

ئاپتونوم رايوندىن باشقا جايلارغا ماكانلاشتۇرۇلغان دەم ئېلىشقا چىققان كادىرلاردىن ھاياتلىرى 800دىن ئاشىدۇ، بۇلار 28 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرگە تارقالغان، ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ئۇلارغا ئىنتايىن غەمخورلۇق قىلدى، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى ھارپىسىدا، 13 ھال سوراش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، باشقا جايلارغا ماكانلاشقان دەم ئېلىشقا چىققان 839 كادىردىن ھال سوراشقا ئەۋەتتى، ئۇ كادىرلارغا 405 مىڭ 200 يۈەن ھال سوراش پۇلى تارقاتتى.

باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ يوليورۇقىنى ۋە مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ تەلىپىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، پېشقەدەم كادىرلار ئىدارىسى قاتارلىق 5 ئورۇن بىرلىكتە «ئاپتونوم رايوننىڭ دەم ئېلىشقا چىققان كادىرلارنىڭ دەم ئېلىشقا چىقىش خىراجىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش مېخانىزمىنى تۇرغۇزۇشنىڭ ۋاقىتلىق چارىسى»نى تۈزۈپ چىقتى.

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، پېشقەدەم كادىرلار ئىدارىسى قاتارلىق 5 ئورۇن بىرلىكتە «كارخانىلاردىكى دەم ئېلىشقا چىققان كادىرلار بىلەن مەمۇرىي ئورگانلاردىكى دەم ئېلىشقا چىققان كادىرلارنىڭ تەمىناتىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى ۋە 2 قېتىم قوشۇمچە ھۆججەت تارقىتىپ، كارخانىلاردىكى دەم ئېلىشقا چىققان 3267 كادىرنىڭ تەمىناتىنى مەمۇرىي ئورگانلاردىكى دەم ئېلىشقا چىققان كادىرلارنىڭ تەمىناتى بىلەن تەڭپۇڭلاشتۇردى، دەم ئېلىشقا چىقىش خىراجىتىدىن 25 مىليون 800 مىڭ يۈەن كۆپەيتىپ تارقاتتى.

پالەچلىك قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن تۇرمۇشتا ئۆزىنىڭ ھاجىتىدىن چىقالمايدىغان دەم ئېلىشقا چىققان كادىرلارغا بېرىلىدىغان كۈتۈنۈش پۇلىنى تەستىقلاش رەسمىيىتى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى ۋە قېلىپلاشتۇرۇلدى. شۇنداق قىلىپ مۇشۇنداق پېشقەدەم كادىردىن 297سىگە يېڭى ئۆلچەم بويىچە ۋاقتىدا كۈتۈنۈش پۇلى بېرىلدى. 1000 پېشقەدەم كادىر ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ساناتورىيىلەرگە داۋالىنىشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى.

دۆلەت بايرىمى ھارپىسىدا ئاپتونوم رايون ساغلام 85 پېشقەدەم قىزىل ئارمىيە جەڭچىسىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتىنى تەكلىپ قىلىپ، ئۇلارنى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتناشتۇردى. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى ۋە بىللە خاتىرە ئۈچۈن سۈرەتكە چۈشتى.

1999 - يىلى ھال ئېيتىپ كەلگەن پېشقەدەم كادىردىن 900دىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، 600 پارچىدىن ئارتۇق خەت - چەك بىر تەرەپ قىلىندى، 1400 قېتىم تېلېفون ئارقىلىق سورالغان مەسىلىھەتكە جاۋاب بېرىلدى.

سۇڭ فۇچۇن

## تاشقى تەشۋىقات خىزمىتى

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم تاشقى تەشۋىقات خىزمىتىدە يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى، ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى زىچ دەۋرىي قىلىپ، تۈرلۈك ئىشلىرى گۈللەنگەن، ئىتتىپاق، مۇقىم بولغان شىنجاڭنى چەت ئەللەرگە تەشۋىق قىلىپ ۋە تونۇشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ياخشى ئوبرازىنى تىكلەش يولىدا نۇرغۇن خىزمەت ئىشلەپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

1. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش مەركەز قىلىنىپ، تاشقى ئىقتىسادىي تەشۋىقات چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم تاشقى تەشۋىقات ئىشخانىسى داۋاملىق تەشۋىقات خىزمىتى بىلەن چوڭ - چوڭ تاشقى تەشۋىقات خىزمىتىنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادىي تەشۋىقاتنى پائال قانات يايدۇردى. 99' ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى ۋە تۇرپان ئۈزۈم مەرىكىسى مەزگىلىدە ئاز كەم 100 ئاخبارات ئورنىنى ۋە 400 دىن ئارتۇق جۇڭگو ۋە چەت ئەل مۇخبىرىنى زىيارەت - تەشۋىقاتقا ئۇيۇشتۇردى. مەلۇماتقا قارىغاندا، ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى مەزگىلىدە 3300 پارچىدىن ئاتۇق ماقالە بېرىلگەن، 3000 نۇسخىدىن ئارتۇق ھەرخىل تاشقى تەشۋىقات بۇيۇمى يەتكۈزۈپ بېرىلگەن.

2. تاشقى كۈچلەردىن پايدىلىنىپ، تاشقى خەۋەر تەشۋىقاتى كۈچەيتىلدى. 1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم تاشقى تەشۋىقات ئىشخانىسى شياڭگاڭ ئاخبارات ئۆمىكى، قازاقىستان مۇخبىرلار ئۆمىكى، قىرغىزىستان مۇخبىرلار ئۆمىكى قاتارلىق 15 ئاخبارات ئورنىدىن 23 مۇخبىرنى شىنجاڭنى زىيارەت قىلىپ خەۋەر بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. تولۇقسىز مەلۇماتقا قارىغاندا، ئاپتونوم رايون سىرتىدىن كەلگەن مۇخبىرلاردىن 200 نەچچە ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىنغان، ئاپتونوم رايوننىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى، تارماقلارنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى تەكلىپكە بىنائەن، ئاپتونوم رايوننىڭ مىللەت، دىن مەسىلىسىگە ئوخشاش قىيىن نۇقتا، قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرى ئۈستىدە مۇخبىرلارنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرگەن، قايتما ئىنكاستىن قارىغاندا، ئۇ مۇخبىرلار ئاز كەم 1000 پارچە ماقالە ئېلان قىلىپ، گۇمان ۋە ئۇقۇشماسلىقنى ئايدىڭلاشتۇرۇش رولىنى ئوينىغان. 9 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم تاشقى تەشۋىقات ئىشخانىسى مەركەزنىڭ تاشقى تەشۋىقات خىزمىتىگە ماسلىشىپ، ئامېرىكا دەۋر خۇانا تەشكىلاتىنىڭ «ئاخبارات - ساياھەت ئۆمىكى» دىكىلەرنىڭ قەشقەرگە ئېكسكۇرسىيە - ساياھەتكە كېلىشىنى كۈتۈۋېلىپ، مەركىزىي كومىتېت تاشقى تەشۋىقات ئىشخانىسىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

3. تاشقى تەشۋىقات بۇيۇملىرىنى ئىشلەش خىزمىتى ئوبدان تۇتۇلۇپ، چەت ئەلگە تارقىتىلىش دائىرىسى يەنىمۇ كېڭەيتىلدى. 1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم تاشقى تەشۋىقات ئىشخانىسى خەنزۇچە، ئىنگلىزچە، رۇسچە «جۇڭگونىڭ شىنجاڭى» دېگەن كىتابنى تۈزۈپ باستۇردى، شىنجاڭ ئۈن - سىن نەشرىياتى بىلەن ھەمكارلىشىپ «يىپەك يولى ناخشا روھى»، «غەربىي يۇرت نەغمە - ناۋا روھى» ناملىق يۈرۈشلۈك CD نۇر دېسكىسىدىن 6 نى، «غەربىي يۇرت ئۆرپ - ئادەتلىرى» ناملىق يۈرۈشلۈك CD قاپلىق نۇر دېسكىسىدىن 2نى نەشر قىلدۇردى؛ كارخانا بىلەن ھەمكارلىشىپ «شىنجاڭغا سەپەر» ناملىق 4 دېسكىلىق پلاستىنكا، «شىنجاڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى» ناملىق مەنزىرە كىرىشتۈرۈلۈپ مۇزىكىلاشتۇرۇلغان VCD نۇر دېسكىسى قاتارلىقلارنى ئىشلىدى؛ شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ «يىپەك يولىنىڭ بۈگۈنكى مەنزىرىسىگە نەزەر» ناملىق تېلېۋىزىيە فىلىمىنى سۈرەتكە ئالدى؛ شىنجاڭ ئۈن - سىن نەشرىياتى كىنو - تېلېۋىزىيە بۆلۈمى بىلەن ھەمكارلىشىپ «ئاسىيا كىندىكى ۋە پادىچى» ناملىق تېلېۋىزىيە فىلىمىنى سۈرەتكە ئالدى. بۇنىڭدىن باشقا ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، نازارەت، ئىدارىلەرمۇ نۇرغۇن تاشقى تەشۋىقات بۇيۇملىرىنى ئىشلىدى.

تاشقى تەشۋىقات بۇيۇملىرىنى تارقىتىشتا، بايرام، يىغىنلاردىن ۋە مېھمانخانا، ۋوگزال، پورت، ئايرودروم، رېستوران، ساياھەت نۇقتىلىرى قاتارلىق ئورۇنلاردىن نۇقتىلىق پايدىلىنىپ، تىزىپ قويۇش، تەقدىم قىلىش، پارچە تارقىتىش، پارچە سېتىشقا ئوخشاش يوللار بىلەن تارقىتىش يوللىرى كېڭەيتىلدى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئىلى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنى ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق، 80 نەچچە سائەتلىك قازاقچە پروگراما تەرجىمە قىلىنىپ، جۇڭگونىڭ قازاقىستاندا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىغا يوللاپ بېرىلدى، ئۇلار قازاقىستاندا كۆرسىتىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى تەسىرى كېڭەيتىلدى.

4. ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى تاشقى تەشۋىقات ئۇيۇشتۇرۇلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى، بىڭتۈەن قاتارلىق 12 ئورۇن بىلەن بىرلىكتە «ئاۋمېننىڭ تارىخى ۋە تەرەققىياتى» ناملىق چوڭ تىپتىكى رەسىملەر كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلدى، ئۇنىڭدا 216 رەسىم كۆرگەزمە قىلىندى، ئېكسكۇرسىيەچىلەر 30 مىڭ ئادەم (قېتىم) دىن ئاشتى، كۆرگەزمە ئارقىلىق خەلق ئاممىسى جانلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىگە ئىگە قىلىندى. 5 خىل تەشۋىقات رەسىمىدىن 10 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق تارقىتىلدى، ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىگە دائىر 2000 يۈرۈشتىن ئارتۇق تەشۋىقات رەسىمى زاكاز قىلىنىپ تارقىتىلدى.

5. تاشقى تەشۋىقات ئۇچۇرلىرى، تور قۇرۇلۇشى، كادىرلارنى تەربىيىلەش خىزمىتىدە يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى، تاشقى تەشۋىقات ئىشخانىسى قولىدىكى ئۈسكۈنىلەردىن پايدىلىنىپ، «چەت ئەل تەشۋىقات ۋاستىلىرىنىڭ شىنجاڭغا دائىر خەۋەرلىرى» دىن 6 سان، «شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەننىڭ جامائەت پىكرى ئەھۋالى» دىن 9 سان تۈزۈپ، تەرجىمە قىلىپ تارقاتتى؛ شىنجاڭ مەسىلىسى توغرىسىدىكى تاشقى تەشۋىقاتقا دائىر 100 سوئالنىڭ ئۆلچەملىك جاۋابىنى تۈزۈپ چىقتى؛ جۇڭگو ئاخبارات ئاگېنتلىقى بىلەن بىرلىكتە

ئامېرىكىدا چىقىدىغان «مۇھاجىرلار گېزىتى»، فرانسىيەدە چىقىدىغان «ياۋروپا ۋاقىت گېزىتى»دە شىنجاڭغا دائىر مەخسۇس بەتتىن 104 سان چىقاردى؛ «دۇنيا ئىقتىساد يېتەكچىسى»، شياڭگاڭ «ۋېنخۇيباۋ»، «خەلق گېزىتى» (چەت ئەلگە تارقىتىلىدىغان نۇسخا)، «جۇڭگو گېزىتى» قاتارلىقلارغا ياردەملىشىپ، نۇرغۇن ماقالە ئېلان قىلدى ۋە بەزى مەخسۇس بەتلەرنى ئۇيۇشتۇردى. مەركىزىي كومىتېت تاشقى تەشۋىقات ئىشخانىسىنىڭ «جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالى» ناملىق تور پونكىتىدا تور بېتى تەسىس قىلىپ، 10 نەچچە سەھىپە ئېچىپ، خەنزۇچە، ئېنگلىزچە، «BiG5 كودى» يېزىقىدىن ئىبارەت 3 خىل يېزىقتا ئايلاندۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ تاشقى تەشۋىقات خىزمىتى ئۈچۈن بىر مۇھىم يول ئاچتى.

11 - ئايدا ش ئۇ ئا ر تاشقى ئىشلار ئىشخانىسى بىلەن بىرلىشىپ شياڭگاڭ، ئاۋمېنلارغا بارىدىغان تاشقى تەشۋىقات كادىرلىرىنىڭ تۈنجى قارارلىق كۇرسىنى ئېچىپ، 30 كادىرنى تەربىيىلىدى.

ۋۇ نۇڭ

# ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىشلىك

## ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن شۇجىلىرىنىڭ ئىسمىلىكى

شۇجى: خۇ جيايەن (ئايال).

مۇئاۋىن شۇجىلار: دۇ سىناۋ، ۋاھاپ سۇلايمان (قازاق)، نۇردۇن تۆمۈر، ئابدۇراخمان پولات، گو چېڭتەي.

## ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىشلىك خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1. پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق تەربىيىسى. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىشلىك ئورگانلىرى «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنى پۇرسەت بىلىپ، پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق تەربىيىسىنى چوڭقۇر، پۇختا قانات يايدۇردى. 4 - ئايدىن 9 - ئايغىچە «دېلوغا قاراپ ئىنتىزامنى سۆزلەش» لېكسىيە پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇلدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن شىنجاڭنىڭ پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشى، چىرىكلىككە قارشى كۈرەش مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۆرگەزمىسى ئۇيۇشتۇرۇلدى، كۆرگەزمىنى كۆرگەنلەر 160 مىڭغا يەتتى.

9 - ئايدا پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇلدى. ئاخبارات - تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇش ئۈچۈن «جۇڭگو ئىنتىزام تەكشۈرۈش - مەمۇرىي تەپتىشلىك گېزىتى»نىڭ شىنجاڭ مۇخبىرلار پونكىتى قۇرۇلۇپ، 150 نەچچە پارچە ماقالە ئىشلەندى، ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ مۇخبىرلىرى پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشىغا دائىر خەۋەرلەرنى يېزىشقا ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، تەشۋىقات، خەۋەر قىلىش خىزمىتى ئىشلەندى. ئاخبارات ۋاستىلىرى مەخسۇس بەت ۋە مەخسۇس پروگراممىلارنى يولغا قويدى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن بىرلىكتە «شىنجاڭدا پاكلىق دولقۇنى ئۆركەشلىمەكتە» ناملىق مەخسۇس فىلىم ئىشلەندى. «شىنجاڭ پارتىيە ئىستىلى»غا 1 مىليون خەتلىكتىن ئارتۇق 500 نەچچە پارچە ماقالە بېرىلدى.

2. دېلولار تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىشلىك ئورگانلىرى ئامما مەلۇم قىلغان 27 مىڭ 163 پارچە (قېتىم) ماتېرىيالنى قوبۇل قىلدى، ئۇنىڭدىن 5224 پارچىنى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈپ، 2614 دېلو تۇرغۇزدى، بۇنىڭ 2548نى تەكشۈرۈپ ئاياغلاشتۇرۇپ، 2672 كىشىگە پارتىيە ئىنتىزامى، مەمۇرىي ئىنتىزام جازاسى بەردى، بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىك كادىر 14، ناھىيە - باشقارما دەرىجىلىك كادىر 140، ئورنى تولدۇرۇۋېلىنغان ئىقتىسادىي زىيان 69 مىليون 841 مىڭ يۈەن. ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىشلىك ئورگانلىرى سىياسىي ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 53نى بىر تەرەپ قىلىپ، 52 كىشىگە پارتىيە ئىنتىزامى، مەمۇرىي ئىنتىزام جازاسى بەردى. «فالۇن گوڭ»ىسى» بىدئەت تەشكىلاتىغا قاتناشقان، تەربىيە بەرسىمۇ توۋا قىلمىغان 12 پارتىيە ئەزاسىغا ئىنتىزام جازاسى بەردى ۋە ئۇلارنى تەشكىلىي جەھەتتىن بىر تەرەپ قىلدى. ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، مەمۇرىي تەپتىشلىك نازارىتى ئۆزى 11 دېلو تۇرغۇزۇپ، 7 دېلونى ئاياغلاشتۇرۇپ، 8 كىشىگە چارە كۆردى.

3. قانۇننىڭ ئىجراسى ئۈستىدىكى مەمۇرىي تەپتىشلىك، ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىشلىك تارماقلىرى 422 ئوبيېكت ئۈستىدە قانۇننىڭ ئىجراسى نۇقتىسىدىن مەمۇرىي تەپتىشلىك قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون تۇرغۇزغان ئوبيېكت 5، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر دەرىجىلىكلەر تۇرغۇزغان ئوبيېكت 93، ناھىيە دەرىجىلىكلەر تۇرغۇزغان ئوبيېكت 324؛ ئۆز ئالدىغا بېجىرىلگىنى 221، ھەمكارلىشىپ بېجىرىلگىنى 201، بېجىرىپ ئاياغلاشتۇرۇلغىنى 377. ھەر دەرىجىلىك

ھۆكۈمەتلەر ۋە ئالاقىدار تارماقلارغا قانۇننىڭ ئىجراسى ئۈستىدىكى مەمۇرىي تەپتىشلىككە دائىر 1250 تەكلىپ بېرىلدى، ئۇنىڭ 1145ى قوبۇل قىلىندى، 1037 تۈرلۈك قائىدە ـ نىزام تۈزۈشكە ياردەم بېرىلدى، 103 ئىلغار تىپ كېڭەيتىلدى. قانۇننىڭ ئىجراسى ئۈستىدىكى مەمۇرىي تەپتىشلىك ئارقىلىق 657 مەسىلە ۋە يىپ ئۇچى بايقالدى، بۇنىڭ 603ى دېلو تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ چىقىلىپ، 293 كىشى بىر تەرەپ قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 82 كىشىگە پارتىيە ئىنتىزامى جازاسى، 123 كىشىگە مەمۇرىي ئىنتىزام جازاسى بېرىلدى، 23 كىشى ئەدلىيە ئورگىنىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. تەكشۈرۈپ چىقىلغان قانۇن ـ ئىنتىزامغا خىلاپ سومما 55 مىليون 860 مىڭ يۈەن، تۈزىتىلگەن، قايتۇرۇلغان سومما 19 مىليون 488 مىڭ 300 يۈەن، ئورنى تولدۇرۇۋېلىنغان ئىقتىسادىي زىيان 15 مىليون 71 مىڭ 200 يۈەن، ئالدى ئېلىنغان ئىقتىسادىي زىيان 16 مىليون 24 مىڭ 800 يۈەن. (1) ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى داۋامىدىكى قانۇن ـ ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن بىر تۈركۈمى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، چېتىلىدىغان سومما 73 مىليون 60 مىڭ يۈەن بولدى، 11 كىشىگە جىنايى ئىشلار جازاسى، 5 كىشىگە مەمۇرىي جازا بېرىلدى. (2) نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش خىزمىتىدە قانۇننىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ئۈستىدىن مەمۇرىي تەپتىشلىك قىلىندى. دۆلەت بېكىتكەن 25 نامرات ناھىيە، ئاپتونوم رايون بېكىتكەن 5 نامرات ناھىيىنىڭ 1997 ـ يىلدىن 1999 ـ يىل 6 ـ ئايغىچە نامراتلارنى يۆلەش مەخسۇس مەبلىغىنى ئىشلىتىش ئەھۋالى نۇقتىلىق تەپتىش قىلىنىپ، ئىشلىتىلىشى ئىنتىزامغا ۋە بەلگىلىمىگە خىلاپ بولغان 217 مىليون 134 مىڭ يۈەن مەبلەغ تەكشۈرۈپ چىقىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنىڭ ئىشلىتىلىشى بەلگىلىمىگە خىلاپ بولغان مەسىلىدىن 12سى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، 8 كىشىگە پارتىيە ئىنتىزامى جازاسى، 10 كىشىگە مەمۇرىي ئىنتىزام جازاسى بېرىلدى. 1999 ـ يىلى يەنە ئامما كۆڭۈل بۆلىدىغان ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش، كادىر قوبۇل قىلىش، ئەسكەر ئېلىشقا ئوخشاش قىزىق نۇقتا خىزمەتلەر ئۈستىدە نازارەتچىلىك ـ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى.

4. سىياسەت، قانۇن ـ نىزاملار ۋە نەزەرىيە تەتقىقاتى. ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، مەمۇرىي تەپتىشلىك نازارىتى قانۇن ـ نىزام خاراكتېرلىك ھۆججەتتىن 7نى تۈزۈپ چىقتى ۋە تۈزۈشكە ياردەملەشتى. مەخسۇس تېمىلار بويىچە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى ئىشلىدى. «شىنجاڭدا كەنت ئىشلىرىنى ئاشكارىلاش، يېزا ئاساسىي قاتلام پارتىيە ئىستىلى ـ پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئەھۋالى ئۈستىدىكى تەكشۈرۈش»، «ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئورگانلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىشى، رەھبەرلىك تۈزۈلمىسى ۋە باشقۇرۇش دائىرىسى مەسىلىسى ئۈستىدىكى تەكشۈرۈش»، «جايلار، تارماقلارنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ پارتىيە ئىستىلى ـ پاكلىق قۇرۇلۇشىغا ئالاقىدار تۈزۈملەرنى تۈزۈش ئەھۋالى ئۈستىدىكى تەكشۈرۈش» قاتارلىق 6 تۈرلۈك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتى تاماملىنىپ، 5 پارچە تەكشۈرۈش دوكلاتى ئىشلەپچىقىلدى. «يېزىلارنىڭ پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ئۈستىدە مۇلاھىزە» ناملىق كىتاب تۈزۈپ نەشر قىلدۇرۇلدى.

5. ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىشلىك كادىرلىرى قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشى. ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار، كارخانا ـ كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىشلىك تەشكىلاتى قۇرۇلۇشى بويىچە سۆھبەت يىغىنى ئېچىلىپ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىشلىك ئاپپاراتىنىڭ ئىسلاھاتى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىندى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم (پارتگۇرۇپپا) لارغا ھەمكارلىشىپ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىشلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى تەڭشەش، تولۇقلاش خىزمىتى ئىشلەندى، جايلار، تارماقلارنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىشلىك خادىملىرىنى سەپلەش ئەھۋالى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىپ، شتات، خادىم، كادىرلارنىڭ ۋەزىپە دەرىجە مۇئامىلىسى قاتارلىق جەھەتلەردە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ھەل قىلىندى. ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش ـ مەمۇرىي تەپتىشلىك ئورگانلىرى كادىرلارنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى كۈچەيتتى. 325 كادىرنى مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى تەربىيىلەش مەركىزىدە ۋە ش ئۇ ئا ر پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇتۇپ، ئۇلارنىڭ كەسپىي ساپاسىنى ئۆستۈردى.

خې جېن

## ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 6 ـ ئومۇمىي يىغىنى

بۇ يىغىن 1999 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 3 — 5 ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىنغا ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 29 ئەزاسى قاتناشتى، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ، ئاپتونوم رايوننىڭ تارماقلىرى ۋە بىڭتۈەننىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش ـ مەمۇرىي تەپتىشلىك ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇللىرى سىرتتىن قاتناشتى. ئومۇمىي يىغىن خۇ جىيايەننىڭ ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن بەرگەن «خىزمەتنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، يۈزەكى تۈزەش بىلەن تۈپتىن تۈزەشنى ئېغىشماي

تەڭ تۇتۇپ، پارتىيە ئىستىلى ـ پاكلىق قۇرۇلۇشىنى ۋە چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنى تەۋرەنمەي ئېلىپ بارايلى» دېگەن تېمىدىكى خىزمەت دوكلاتىنى قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى. ئومۇمىي يىغىن مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈپ ئىزچىللاشتۇردى، ئاپتونوم رايوننىڭ 1998 ـ يىللىق پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئەھۋالى ۋە چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى يەكۈنلىدى. 1999 ـ يىللىق خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردى.

ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت، جاڭ ۋېنيۈ، جۇ شېڭتاۋ، ئەسقەت كەرىمباي، جاڭ يۈەنچۈەن قاتارلىق رەھبەرلەر يىغىنغا قاتناشتى. يىغىنغا يەنە ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرىمۇ قاتناشتى.

خې جېن

## چىرىكلىككە قارشى كۈرەش

1. رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پاكلىق ئىنتىزاملىق خىزمىتى. «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىگە بىرلەشتۈرۈپ، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پاكلىق، ئىنتىزاملىق بويىچە دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى ياخشى ئېچىلدى. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ۋە ئاپتونوم رايوندىكى تارماقلارنىڭ رەھبەرلىك بەنزىلىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلىرى «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى داۋامىدا پاك ـ ئىنتىزاملىق بولۇش ئەھۋالىنى مەخسۇس تېمىلارنىڭ بىرى قىلىپ، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون پاكلىق، ئىنتىزاملىق جەھەتتە ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرگە سېلىشتۇرۇپ ئۆزىنى تەكشۈردى ۋە ئۆزىدىكى مەسىلىلەرنى ئۆزى تۈزەتتى. 87 ئورۇندىكى 126 نازارەت دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىر ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى قايتۇرغان ئامىمىنىڭ پىكىرلىرىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئەستايىدىل ئىزاھات بەردى ياكى تەكشۈردى ۋە تۈزەتتى، «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى تېخى ئېلىپ بېرىلمىغان ناھىيىلىك، شەھەرلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى 4694 ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىر تەلەپكە بىنائەن پاكلىق، ئىنتىزاملىق بويىچە دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىغا قاتناشتى. بۇنىڭ ئىچىدە 618 كىشى ئۆزىدىكى مەسىلىلەرنى تەكشۈردى ۋە تۈزەتتى. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار پاك ـ ئىنتىزاملىق بولۇشقا دائىر بەلگىلىمە ـ تۈزۈملەرنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىردىن 14 مىڭ 41ى كىرىمىنى مەلۇم قىلدى، 1716 كىشى ئالغان سوۋغاتنى تىزىملاتتى، يۇقىرىغا تاپشۇردى، 1836 كىشى چوڭ ـ چوڭ شەخسىي ئىشلىرىنى مەلۇم قىلدى. پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ نەنشەن، بوغدا، قاناس، باغراش قاتارلىق مەنزىرىلىك جايلاردا يىغىن ئېچىشنى قاتتىق مەنئى قىلىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە ئەستايىدىل ئىجرا قىلىندى. تۈرلۈك يىغىندىن 2078ى بىكار قىلىنىپ، قىسقارتىلىپ، 14 مىليون 339 مىڭ يۈەن خىراجەت تېجەپ قېلىندى؛ 135 كورپۇس ئىشخانا بىناسىنى سېلىش، ئۆزگەرتىش، كېڭەيتىش، بېزەش توختىتىپ قويۇلۇپ، 82 مىليون 927 مىڭ يۈەن خىراجەت تېجەپ قېلىندى، ھۆكۈمەت پۇلى بىلەن چەت ئەلگە، چېگرا سىرتىغا چىقىپ ساياھەت قىلىدىغان 214 تۈركۈمدىكى 542 كىشى توسۇپ قېلىنىپ ۋە قىسقارتىلىپ، 15 مىليون 574 مىڭ يۈەن خىراجەت تېجەپ قېلىندى؛ ھۆكۈمەت پۇلىغا يەپ ـ ئىچىش ـ تاماشا قىلىش شامىلى داۋاملىق قاتتىق توسۇلدى، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ مېھمان كۈتۈش خىراجىتى 1998 ـ يىلدىكىدىن 14 مىليون 279 مىڭ يۈەن ئازايتىلدى.

2. قانۇن ـ ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش دېلولىرى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. 1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 1996 كىشىگە پارتىيە ئىنتىزامى جازاسى بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىك كادىر 14، ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك كادىر 130، يېزا، بۆلۈم دەرىجىلىك كادىر 461، ئادەتتىكى كادىر 639، باشقا خادىم 752؛ ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلگىنى 561، قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلگىنى 641، پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغىنى 83، پارتىيە ئىچىدە سىناشقا قالدۇرۇلغىنى 339، پارتىيىدىن چىقىرىلغىنى 368، مەمۇرىي ئىنتىزام جازاسى بېرىلگەن 977 كىشى ئىچىدە، ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىك كادىر 2، ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك كادىر 42، يېزا، بۆلۈم دەرىجىلىك كادىر 231، ئادەتتىكى كادىر 647، باشقا خادىم 55؛ ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلگىنى 220، گۇناھ يېزىلغىنى 159، چوڭ گۇناھ يېزىلغىنى 148، دەرىجىسى چۈشۈرۈلگىنى 92، ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغىنى 204، خىزمەتتىن قوغلاپ قالدۇرۇپ ئىشلىتىلگىنى 29، خىزمەتتىن قوغلانغىنى 125. ئەدلىيە ئورگىنىغا يوللاپ بېرىلگىنى 83 كىشى.

3. ناتوغرا ئىستىللار تۈزىتىلدى. دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش خىزمىتىدە، ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقان ـ چارۋىچىلاردىن ھەق ئېلىش، جەرىمانە ئېلىش، مەبلەغ يىغىش تۈرىدىن 460 تۈر (قېتىم) بىكار قىلىنىپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ سېلىقى 313 مىليون 657 مىڭ يۈەن يەڭگىللىتىلدى، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ سېلىقىنى خام چوت ـ نەق چوتقا كىرگۈزۈش تۈزۈمىنى يولغا قويغان ناھىيە، شەھەر %94كە، مەخسۇس تۈر بويىچە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك تۈزۈمىنى يولغا قويغان ناھىيە، شەھەر %83كە يەتتى، «ئىككىنى ئاشكارىلاش، بىرنى نازارەت قىلىش»

تۈزۈمى كەنت دەرىجىسىگىچە يۈزلەندى ئومۇملاشتۇرۇلدى. دېھقانلارنىڭ سېلىقىغا چېتىشلىق 88 مەسىلە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنىپ، 89 كىشىگە پارتىيە ئىنتىزامى، مەمۇرىي ئىنتىزام جازاسى بېرىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ سېلىقىنى كىشى بېشىغا 30 يۈەن ئازايتىش لازىم دەپ بەلگىلىگەن نىشانى ئاساسەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. كارخانىلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش خىزمىتىدە، ئاپتونوم رايوندا ھەق ئېلىش ئىجازەتنامىسى تۈزۈمى بىلەن ھەق تاپشۇرۇشنى تىزىملاش كارتوچكىسى تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى، كارخانىلاردىن ئېلىنىدىغان نامۇۋاپىق ھەق تۈرىدىن 731ى بىكار قىلىندى، چېتىشلىق سوممىسى 87 مىليون 625 مىڭ 600 يۈەن. كارخانىلار ئۈستىدە قانۇندىكى بەلگىلىمە سىرتىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان تەكشۈرۈش، سېلىشتۇرۇپ باھالاش تۈرىدىن 55 تۈر، 48 قېتىم ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. كارخانىلارنى ۋۇشىسكا ئېسىپ قوغداش خىزمىتى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى. قىسمەن رايونلار كارخانىلارغا ئالاھىدە نازارەتچى ئەۋەتىش چارىسىنى يولغا قويۇپ، «باجنى قوغداش - خىراجەتنى ئازايتىش»نى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى ئىشلىدى. كارخانىلارنىڭ سېلىقىنى ئېغىرلىتىپ قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 145ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، چېتىشلىق سوممىسى 96 مىليون يۈەندىن ئاشىدۇ. تېببىي دورىلارنى سېتىۋېلىش، سېتىش جەھەتتىكى ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش جەھەتتە، دورا ئىشلەيدىغان، توپ ساتىدىغان گۇۋاھنامىسىز ياكى گۇۋاھنامىسى تولۇقسىز كارخانىدىن 41ى بىكار قىلىندى، تېببىي دورىلارنى سېتىۋېلىش - سېتىش داۋامىدىكى قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 191ى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى. تاشيوللاردىكى «ئۈچ قالايمىقان»نى تۈزەش خىزمىتىدە، تاشيوللاردىكى بېكەت - چازىدىن 21ى بىكار قىلىندى، تاشيوللاردىكى «ئۈچ قالايمىقان»غا ياتىدىغان دېلودىن 49ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنىپ، 17 كىشىگە پارتىيە ئىنتىزامى، مەمۇرىي ئىنتىزام جازاسى بېرىلدى. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى قالايمىقان ھەق ئېلىشنى تۈزەش خىزمىتىدە، شەھەر، بازارلاردىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ھەق ئېلىش كارتوچكىسى تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە، ھەق ئېلىش تۈرى ۋە ئۆلچىمىنى ئېلان قىلىش چارىسى يولغا قويۇلۇپ، ئاممىنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ نازارىتى قوبۇل قىلىندى. نامۇۋاپىق ھەق ئېلىش تۈرلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىراجەت سېلىقى 11 مىليون 597 مىڭ يۈەن يەڭگىللىتىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە بەلگىلىمىگە خىلاپ ھەق ئېلىش مەسىلىسىدىن 377سى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، چېتىشلىق سوممىسى 8 مىليون 69 مىڭ 200 يۈەن بولۇپ، 11 كىشىگە پارتىيە ئىنتىزامى، مەمۇرىي ئىنتىزام جازاسى بېرىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئاساسىي قاتلام كۆزنەك ئورۇندىن 2830ى تەرتىپكە سېلىندى، 22 ساھە ۋە تارماق ساھە ئىستىلىنى باھالاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، 810 ئورۇن ۋەدە بېرىش تۈزۈمىنى سىناق قىلدى. مەدەنىي كۆزنەك بولۇشتىكى ئۈلگە ئورۇندىن 1606سى مەيدانغا كەلدى.

خې جېن

## چىرىكلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش

1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايوندىكى سىياسىي - قانۇن ئورگانلىرى كارخانىلىرىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش خىزمىتىنى تاماملىدى، 141 كارخانا ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، 18 كارخانا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، 31 كارخانىنىڭ يۆلەك بولۇش مۇناسىۋىتى بىكار قىلىندى. «كىرىم بىلەن چىقىمنى ئايرىۋېتىش» ھەققىدىكى بەلگىلىمە يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، ئاپتونوم رايوندىكى ج خ، تەپتىشلىك، سوت ۋە سودا - سانائەت تارماقلىرى مەمۇرىي ھەق ئېلىش ۋە جەرىمانە، مۇسادىرە كىرىمىدە «كىرىم بىلەن چىقىمنى ئايرىۋېتىش» بويىچە باشقۇرۇشنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويدى، ئاپتونوم رايون ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ھەق، جەرىمانە ئالىدىغان باشقا تارماقلارمۇ «كىرىم بىلەن چىقىمنى ئايرىۋېتىش» بويىچە باشقۇرۇشنى يولغا قويدى. شەكىللىك بىناكارلىق بازارلىرى بەرپا قىلىندى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر شەكىللىك بىناكارلىق بازىرى قۇردى، قۇرۇلۇشقا خېرىدار چاقىرىش نىسبىتى 99.7% بولدى، شەكىللىك بىناكارلىق بازارلىرىنىڭ مۇلازىمەت فۇنكسىيىسى ۋە مۇلازىمەت سەۋىيىسى پەيدىنپەي مۇكەممەللەشتى ۋە ئۆستى. زاۋۇت ئىشلىرىنى، ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى، كەنت ئىشلىرىنى ئاشكارىلاش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، زاۋۇت ئىشلىرىنى ئاشكارىلاش دائىرىسى 63%كە يەتتى، ئاپتونوم رايون بويىچە 95%تىن ئارتۇق مەمۇرىي كەنتتە كەنت ئىشلىرىنى ئاشكارىلاش، دېموكراتىك باشقۇرۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتىدىكى ئىقتىسادىي مەسئۇلىيىتىنى تەپتىش قىلىش تۈزۈمى، بوغالتىر ئەۋەتىش تۈزۈمى ۋە ھۆكۈمەت سېتىۋېلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش خىزمىتى نۇقتىدا سىناق قىلىندى.

خې جېن

## پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى «پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى

ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدا يىكىر» ۋە «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ «پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە» سىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ھەققىدىكى يولغا قويۇش چارىسى» نى تۈزۈپ تارقاتتى. جايلار، تارماقلارمۇ پارتىيە ئىستىلى ـ پاكلىق قۇرۇلۇشى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش چارىسى ياكى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسىنى تۈزۈپ چىقتى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى، نىشانلىق باشقۇرۇش مەسئۇلىيەتنامىسى، سىناش چارىسى، جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش چارىسى قاتارلىق يۈرۈشلەشمە تەدبىرلەرنى تۈزۈپ، ۋەزىپىنى تارىپ، ئادەمگىچە ئەمەلىيلەشتۈردى. 12 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم پارتىيە ئىستىلى ـ پاكلىق قۇرۇلۇشى بويىچە بىرىنچى مەسئۇللارنىڭ سۆھبەت يىغىنىنى ئېچىپ، پارتىيە ئىستىلى ـ پاكلىق قۇرۇلۇشى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدا يېڭى تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

خې جېن

## مەمۇرىي تەپتىشلىك نازارىتى 4 ـ تۈركۈم تەكلىپلىك مەمۇرىي تەپتىشلەرنى تەكلىپ قىلدى

1999 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى خوجىيايەن قاتارلىق رەھبەرلەر مەمۇرىي تەپتىشلىك نازارىتىنىڭ 4 ـ تۈركۈمدىكى 11 نەپەر تەكلىپلىك مەمۇرىي تەپتىشكە تەكلىپنامە تارقاتتى.

جاۋ يۈلەن

## مۇھىم ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشلار

1999 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، تەپتىشلىك نازارىتى 1998 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندا تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان قانۇن ـ ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش بويىچە 13 تىپىك دېلو ئۈستىدە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقاردى. بۇلار: ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى، خەلق ھۆكۈمىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، ھۆكۈمەت بەنگۇڭتىڭى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى تۇرسۇن سادىر، ش ئۇ ئا ر دۆلەت بېجى ئىدارىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، سابىق ئىدارە باشلىقى ۋاڭ زۇڭشى، ئىلى ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئېلى سىيىت، شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى شىركىتىنىڭ سابىق دىرېكتورى، پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ۋاڭ ۋېنتاۋ، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ بېڭتۇەن شۆبىسىنىڭ سابىق باشلىقى، پارتگۇرۇپپا شۇجىسى جاڭ سىيۇەن، تىنچ ئوكيان سۇغۇرتا شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ سابىق باش دىرېكتورى، پارتگۇرۇپپا شۇجىسى چېن گۇاڭيىن، بېڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 3 ـ شىنىڭ يارەمچى كۆزەتكۈچىسى چېڭ شۇتۇڭ (مۇئاۋىن نازىر دەرىجىلىك)، ئۈرۈمچى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى يەر پىلانلاش، قۇرۇلۇش، ئۆي ـ زېمىن ئىدارىسىنىڭ ناھىيە دەرىجىلىك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچىسى لى جۇنلەن، قىزىلسۇ تورغات سەھىيە كارانتىن ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئابلىمىت ئابدىقەيۇم، ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى يۈ جيەنگاڭ، غۇلجا ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى ما ۋەنيۇ، ئىلى ۋىلايەتلىك تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىنىڭ مۇدىرى، پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ليۇ جۇبىي، گۇما ناھىيىسى باشلىقگەر يېزىلىق خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى ئابلا تۇردى قاتارلىق 13 كىشىنىڭ دېلوسى.

2 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، مەمۇرىي تەپتىشلىك نازارىتى ئاز ساندىكى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىدا ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش ئەھۋالىنىڭ گەۋدىلىك بولۇۋاتقانلىقى مەسىلىسى ئۈستىدە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقاردى.

3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، مەمۇرىي تەپتىشلىك نازارىتى كورلا شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، 314 دۆلەت تاشيولىدا چازا قۇرۇشنى ئۆز ئالدىغا ئەستىقلىغانلىقى توغرىسىدا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقاردى.

خې جېن

## بەلگىلىمە، ئۇقتۇرۇشلار

1999 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، مەمۇرىي تەپتىشلىك نازارىتى چىقارغان، بەلگىلىمە، ئۇقتۇرۇشلار (بىر قىسمى):

3 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، ئىقتىساد ـ سودا كومىتېتى، باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى «زاۋۇت ئىشلىرىنى ئاشكارىلاش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، ئىقتىساد ـ سودا كومىتېتى «1999 ـ يىلى دۆلەت كارخانىلىرى رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ پاك ـ ئىنتىزاملىق بولۇشى توغرىسىدا پىكىر» تارقاتتى.

4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى «ناھىيە (شەھەر) رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ 1999 ـ يىلدىكى پاك ـ ئىنتىزاملىق بولۇش بويىچە مەخسۇس تېمىدىكى دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنى ياخشى ئېچىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»

چىقاردى.

5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، ئىقتىساد - سودا كومىتېتى، باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى «زاۋۇت ئىشلىرىنى ئاشكارىلاش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا پىكىر» تارقاتتى.

5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى «رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پاك - ئىنتىزاملىق بولۇش بويىچە دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنى «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىشتا ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

خې جېن

### ھەيدەكچىلىك ۋە تەكشۈرۈش

1999 - يىل 2 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، مەمۇرىي تەپتىشلىك نازارىتى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ۋە ئالاقىدار ئورۇنلار بىلەن بىرلىكتە 20 نەچچە رېستوران، تاماشىخانىنى ئۈشتۈمتۇت تەكشۈرۈپ، ھۆكۈمەت پۇلىغا يەپ - ئىچىش، تاماشا قىلىش شامىلىنى قەتئىي تۇسۇشنىڭ مېۋىلىرىنى مۇستەھكەملىدى.

2 — 3 - ئايلاردا ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، مەمۇرىي تەپتىشلىك نازارىتى 4 تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ 26 نازارەت، ئىدارە، كەسپىي ئورۇن، كارخانىنىڭ ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن مېھمان كۈتۈش ئەھۋالىنى تەكشۈردى، ئايرىم ئورۇنلارنىڭ مېھمان كۈتۈش خىراجىتىنىڭ بەك تېز ئېشىپ، چىقىمىنىڭ بىرقەدەر كۆپ بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈستىدە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقاردى.

12 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، مەمۇرىي تەپتىشلىك نازارىتى 3 تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، قىسمەن ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشقا دائىر 3 تۈرلۈك خىزمىتىنى تەكشۈردى.

خې جېن

## ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى

**ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى، باش كاتىپى، مۇئاۋىن باش كاتىپىنىڭ ئىسىملىكى**

مۇدىر: ھامىدىن نىياز.

مۇئاۋىن مۇدىرلار: لى فېڭزى، خەلچەم ئىسلام، شۇ پېڭ، جاڭ خېڭ، مجىت ناسىر، قادىس جانابىل (قازاق)، خوجىخان ھاكىموۋ، سۇلايمان نىيەتقۇل (قىرغىز)، ما جيەنگو (خۇيزۇ).

باش كاتىپ: مۇھەممەت ئىسمايىل.

مۇئاۋىن باش كاتىپ: خەن يىبياڭ.

### 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنى

بۇ يىغىن 1 - ئاينىڭ 25 — 31 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خ ق نىڭ بولۇشقا تېگىشلىك ۋەكىلى 550، ئەمەلدە بار ۋەكىلى 547، يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىل 510. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ شىنجاڭدىكى قىسمەن ۋەكىللىرى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تەركىبىدىكى خادىملار، ش ئۇ ئا ر خ ق دائىمىي كومىتېتى خىزمەت تارماقلىرىنىڭ ۋە ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ مەسئۇللىرى بولۇپ 82 كىشى يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.

1 - ئاينىڭ 24 - كۈنى تەييارلىق يىغىنى ئېچىلىپ، يىغىننىڭ ھەيئەت رىياسىتى ۋە باش كاتىپى سايلاپ چىقىلدى، يىغىننىڭ قارالمىلىرى ماقۇللاندى؛ يىغىننىڭ تەكلىپلەرنى تەكشۈرۈش كومىتېتى ۋە پىلان - خام چوت تەكشۈرۈش كومىتېتىنى تەسىس قىلىش توغرىسىدىكى قارارى ۋە بۇ 2 كومىتېتنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى، ئەزالىرىنىڭ ئىسىملىكى ماقۇللاندى. تەييارلىق يىغىنىدىن كېيىن ھەيئەت رىياسىتىنىڭ 1 - سانلىق يىغىنى ئېچىلىپ، ھامىدىن نىياز قاتارلىق 11 كىشى ھەيئەت رىياسىتىنىڭ دائىمىي رەئىسلىكىگە سايلاندى.

1 - ئاينىڭ 25 — 27 - كۈنلىرى يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت بەرگەن «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات»، ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتىنىڭ مۇدىرى خەن شۈجى بەرگەن «ئاپتونوم رايوننىڭ 1998 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئىجراسى ھەم 1999 - يىللىق پىلانى (لايىھە) توغرىسىدا دوكلات»، مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى چېن زېيۇ بەرگەن «ئاپتونوم رايوننىڭ 1998 - يىللىق شۇ دەرىجىلىك مالىيە باش خام چوتىنىڭ ئىجراسى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ 1999 - يىللىق شۇ دەرىجىلىك مالىيە باش خام چوتى (لايىھە) توغرىسىدا دوكلات» ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى.

1 - ئاينىڭ 28 — 30 - كۈنىگىچە يىغىندا مۇدىر ھامىدىن نىياز بەرگەن «ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى»، ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى مۇھەممەت روزى بەرگەن «ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى»، ش ئۇ ئا ر خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ

باش تەپتىشى مۇھەممەت يۈسۈپ بەرگەن «ش ئۇ ئا ر خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى» ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى.

1 - ئاينىڭ 31 - كۈنى يىغىندا مۇھەممەت روزى ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلاندى؛ «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات توغرىسىدا قارار» ماقۇللاندى، «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات» تەستىقلاندى؛ «ئاپتونوم رايوننىڭ 1998 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئىجراسى ۋە 1999 - يىللىق پىلانىنىڭ لايىھەسى توغرىسىدا قارار» ماقۇللاندى، ئاپتونوم رايوننىڭ 1999 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانى ھەم «ئاپتونوم رايوننىڭ 1998 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئىجراسى ھەم 1999 - يىللىق پىلانى (لايىھە) توغرىسىدا دوكلات» تەستىقلاندى؛ «ئاپتونوم رايوننىڭ 1998 - يىللىق شۇ دەرىجىلىك خام چوتىنىڭ ئىجراسى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ 1999 - يىللىق شۇ دەرىجىلىك خام چوتىنىڭ لايىھەسى توغرىسىدا قارار» ماقۇللاندى، ئاپتونوم رايوننىڭ 1999 - يىللىق شۇ دەرىجىلىك خام چوتىنىڭ لايىھەسى ۋە «ئاپتونوم رايوننىڭ 1998 - يىللىق شۇ دەرىجىلىك مالىيە باش خام چوتىنىڭ ئىجراسى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ 1999 - يىللىق شۇ دەرىجىلىك مالىيە باش خام چوتى (لايىھە) توغرىسىدا دوكلات» تەستىقلاندى؛ «ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى توغرىسىدا قارار»، «ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى توغرىسىدا قارار»، «ش ئۇ ئا ر خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى توغرىسىدا قارار» ماقۇللاندى ھەمدە يۇقىرىقى دوكلاتلار تەستىقلاندى.

يىغىن مەزگىلىدە ۋەكىللەر 340 تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويدى، يىغىن تەكلىپلەرنى تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈشى ۋە يىغىن ھەيئەت رىياسىتى 2 - سانلىق يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىپ ماقۇللىشى بىلەن، بۇلارنىڭ 17سى تەكلىپ قىلىپ بېكىتىلدى، قالغىنى ۋەكىللەرنىڭ تەۋسىيە، تەنقىد ۋە پىكىرلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ، ۋەكىللەر ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىنىڭ خىزمىتى توغرىسىدا ئوتتۇرىغا قويغان 339 تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىر بىلەن قوشۇپ، بېجىرىش ھەمدە ۋەكىللەرگە مەسئۇللۇق بىلەن جاۋاب بېرىش ئۈچۈن ئالاقىدار ئورگان ۋە تەشكىلاتلارغا تاپشۇرۇلدى.

شىي رۇڭرۇڭ

## 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىغىنلىرى

1999 - يىلى دائىمىي كومىتېت 7 - سانلىقتىن 13 - سانلىقىچە 7 قېتىم يىغىن ئاچتى.

7 - سانلىق يىغىن 1999 - يىل 1 - ئاينىڭ 21 — 23 - كۈنىگىچە ئېچىلدى. يىغىندا دائىمىي كومىتېت قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئەبەيدۇللا تېيىپنىڭ «ئاپتونوم رايوننىڭ ئەمگەكنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش نىزامى (لايىھە)»، «ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىخەتەرلىكى نىزامى (لايىھە)»نى قاراپ چىقىش نەتىجىسى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى. دائىمىي كومىتېت ۋەكىللەرنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى لى فېڭزېننىڭ ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىككە تولۇقلاپ سايلانغان ۋەكىللەرنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى دوكلاتى (يازما) قاراپ چىقىلدى. 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئومۇمىي ۋەكىلى 550، دائىمىي كومىتېتىنىڭ 3 - سانلىق يىغىنىغىچە ئەمەلدە بار ۋەكىل 547. كەم قالغان 3 ۋەكىلنى ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ باشقىدىن سايلىشىغا ۋە تولۇقلاپ سايلىشىغا توغرا كېلەتتى. 9 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 3 - سانلىق يىغىنىدىن بۇيان بىر ۋەكىل ۋاپات بولدى، بىر ۋەكىل يۆتكىلىپ كەتتى، شۇنداق قىلىپ 5 ۋەكىلنىڭ ئورنى بوش قالدى. ئالاقىدار سايلام ئورۇنلىرى 2 ۋەكىلنى تولۇقلاپ سايلىدى، بۇلار مارالبېشى ناھىيەسىدىن مەھەممەت ئەخمەت، مەكىت ناھىيەسىدىن نۇرالا سېيىت. دائىمىي كومىتېت يىغىنى بۇلارنىڭ ۋەكىللىك سالاھىيىتىنى كۈچكە ئىگە دەپ ئېتىراپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئەمەلدە بار ۋەكىلى 547 بولدى، كەم قالغان 3 ۋەكىلنى ئالاقىدار سايلام ئورۇنلىرى باشقىدىن سايلايدۇ ياكى تولۇقلاپ سايلايدۇ. يىغىندا يەنە دائىمىي كومىتېت قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەھەر قىياپىتى ۋە مۇھىت تازىلىقىنى باشقۇرۇش نىزامى»نى تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى دوكلاتى (يازما) قاراپ چىقىلدى. يىغىن ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنىنىڭ ئىش تەرتىپى (لايىھە)نى ماقۇللاپ، ئۇنى ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنى تەييارلىق يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇشنى قارار قىلدى؛ دائىمىي كومىتېتنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى (كوپىيە) ماقۇللاپ، ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇشنى قارار قىلدى؛ ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنى ھەيئەت رىياسەتلىرى ۋە باش

كاتىپىنىڭ ئىسىملىكىنى ماقۇللاپ، ئۇنى ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنى تەييارلىق يىغىنىنىڭ سايلاپ چىقىشىغا سۇنۇشنى قارار قىلدى؛ ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنىنىڭ تەكلىپلەرنى تەكشۈرۈش كومىتېتىنى ۋە پىلان - خام چوت تەكشۈرۈش كومىتېتىنى تەسىس قىلىش توغرىسىدىكى قارار (لايىھە) نى ماقۇللاپ، ئۇنى ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇشنى قارار قىلدى. ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنى تەكلىپلەرنى تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى، ئەزالىرىنىڭ ئىسىملىكى (لايىھە) نى ماقۇللاپ، ئۇنى ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنى تەييارلىق يىغىنىنىڭ سايلاپ چىقىشىغا سۇنۇشنى قارار قىلدى؛ ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنىنىڭ پىلان - خام چوت تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى، ئەزالىرىنىڭ ئىسىملىكى (لايىھە) نى ماقۇللاپ، ئۇنى ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنى تەييارلىق يىغىنىنىڭ سايلاپ چىقىشىغا سۇنۇشنى قارار قىلدى؛ ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنىغا سىرتتىن قاتنىشىدىغان خادىملارنىڭ ئىسىملىكىنى ماقۇللىدى. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى باشقۇرۇش نىزامى»نى ماقۇللىدى؛ ش ئۇ ئا ر خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ تۇرسۇن سادىرنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپلىقىدىن قالدۇرۇش توغرىسىدىكى قارارىنى ماقۇللىدى؛ ش ئۇ ئا ر خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەھەر قىياپىتى ۋە مۇھىت تازىلىقىنى باشقۇرۇش نىزامى»نى تەستىقلاش توغرىسىدىكى قارارىنى ماقۇللىدى. يىغىن يەنە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، بەنگۈڭتىڭنىڭ مۇدىرى ياڭ جاۋجىنىڭ ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنىدا ۋەكىللەر بەرگەن تەكلىپلەرنى بىر تەرەپ قىلىش پىكرى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى (يازما) قاراپ چىقتى.

8 - سانلىق يىغىن 3 - ئاينىڭ 23 — 25 - كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى ۋە ئۆگىنىلدى؛ ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى شەرىپىدىنىنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 〈جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ئايلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش قانۇنى〉نى يولغا قويۇش چارىسى (لايىھە)» ھەققىدىكى ئىزاھاتى، ش ئۇ ئا ر يەر باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى شارىپقارىنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 〈جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يەر باشقۇرۇش قانۇنى〉نى يولغا قويۇش چارىسى (لايىھە)» ھەققىدىكى ئىزاھاتى، ش ئۇ ئا ر ياشانغانلار كومىتېتىنىڭ باش كاتىپى تيەن زېمىننىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ياشانغانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش نىزامىنىڭ تۈزىتىلمىسى (لايىھە)» ھەققىدىكى ئىزاھاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى؛ دائىمىي كومىتېت ئىچكى ئىشلار - ئەدلىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى سۇلتان ماھمۇتنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 〈جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بالا بېقىۋېلىش قانۇنى〉نى ئىجرا قىلىشتا دائىر قوشۇمچە بەلگىلىمىنىڭ تۈزىتىلمىسى (لايىھە)»نى قاراپ چىقىشقا سۇنۇش توغرىسىدىكى تەكلىپى، دائىمىي كومىتېت مۇدىرلار يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشقا سۇنۇلغان دائىمىي كومىتېتىنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 〈جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يەر باشقۇرۇش قانۇنى〉نى يولغا قويۇش چارىسى (لايىھە)»نى بىكار قىلىش توغرىسىدىكى ئىزاھاتى، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 〈جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى〉 (سىناق نۇسخىسى) نى يولغا قويۇش چارىسى (لايىھە)» توغرىسىدىكى تەكلىپى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى. دائىمىي كومىتېتىنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 〈جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى〉 (سىناق نۇسخىسى) نى يولغا قويۇش چارىسى»نىڭ يولغا قويۇلۇش ۋاقتىنى ئاياغلاشتۇرۇشنى ئېلان قىلىش توغرىسىدىكى قارارى، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 〈جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بالا بېقىۋېلىش قانۇنى〉نى ئىجرا قىلىشتا دائىر قوشۇمچە بەلگىلىمىسى»نى تۈزىتىش توغرىسىدىكى قارارى ماقۇللاندى. يىغىن مۇدىر ھامىدىن نىيازنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن: ۋاڭ جىنشەننى ش ئۇ ئا ر خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلىدى؛ خەلچىخان ياقۇپنى قومۇل ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىدىن، خۇ چىنشىننى قەشقەر ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىدىن قالدۇردى. يىغىن يەنە كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇشقا دائىر باشقا ئىشلارنى ماقۇللىدى.

9 - سانلىق يىغىن 5 - ئاينىڭ 28 — 31 - كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا ئەبەيدۇللا تېيىپنىڭ «ئاپتونوم رايونىنىڭ ياشانغانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش نىزامىنىڭ تۈزىتىلمىسى (لايىھە)»نى قاراپ چىقىش نەتىجىسى ھەققىدىكى دوكلاتى، دائىمىي كومىتېت مائارىپ - پەن -

تېخنىكا - مەدەنىيەت - سەھىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئەمەت موللا تۇردىنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ (جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش قانۇنى)نى يولغا قويۇش چارىسى (لايىھە)»گە تۈزىتىش كىرگۈزۈش ئەھۋالىدىن قىلغان دوكلاتى، يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھەسەن ھامۇتباينىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ (جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يەر باشقۇرۇش قانۇنى)نى يولغا قويۇش چارىسى» (تۈزىتىش لايىھەسى)نى تۈزىتىش ئەھۋالىدىن قىلغان دوكلاتى، ۋەكىللەر - كادىرلار خىزمىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ياڭ مىڭسەينىڭ «ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش چارىسى» (لايىھە)، «ئاپتونوم رايونىنىڭ كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنى سايلاش چارىسى» (لايىھە) ھەققىدىكى ئىزاھاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ياشانغانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش نىزامى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ (جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش قانۇنى)نى يولغا قويۇش چارىسى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنى سايلاش چارىسى» ماقۇللاندى. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ (جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يەر باشقۇرۇش قانۇنى)نى يولغا قويۇش چارىسى (تۈزىتىلگەن لايىھە)» ۋە «ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش - ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش چارىسى (لايىھە)» ھەققىدە ئەزالار تۈزىتىش پىكىرلىرىنى ۋە تەكلىپلىرىنى بەردى، قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىللە تۈزەتكەندىن كېيىن دائىمىي كومىتېتىنىڭ كېلەر سانلىق يىغىنىغا سۇنۇشىغا تاپشۇرۇلدى. يىغىندا يەنە ش ئۇ ئا ر يېزا - بازار كارخانىلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ساۋۇت تۇردىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يېزا - بازار كارخانىلىرى قانۇنى» ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا - بازار كارخانىلىرى نىزامى»نىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى ۋە دائىمىي كومىتېت مۇدىرلار يىغىنىنىڭ ئاپتونوم رايوندىكى يېزا - بازار خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى خىزمىتىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى (يازما) قاراپ چىقىلدى. يىغىن مۇدىر ھامىدىن نىيازنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن: ئابلىز سىدىقنى دائىمىي كومىتېت مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىدىن، جاڭ شياۋرېننى دائىمىي كومىتېت يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىدىن قالدۇردى. يىغىن يەنە كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش - ۋەزىپىدىن قالدۇرۇشقا دائىر باشقا ئىشلارنى ماقۇللىدى.

10 - سانلىق يىغىن 7 - ئاينىڭ 26 — 30 - كۈنلىرى ئېچىلدى. يىغىندا باش كاتىپ مۇھەممەت ئىسمايىلنىڭ «ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇھاكىمە قائىدىسى» (تۈزىتىلگەن لايىھە) ھەققىدىكى ئىزاھاتى، ئەبەيدۇللا تېيىپنىڭ «ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەمگەكنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش نىزامى (لايىھە)»، «ئاپتونوم رايونىنىڭ (جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يەر باشقۇرۇش قانۇنى)نى يولغا قويۇش چارىسى (تۈزىتىلگەن لايىھە)»نى قاراپ چىقىش نەتىجىسى ھەققىدىكى دوكلاتى، ياڭ مىڭسەينىڭ «ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش - ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش چارىسى» (لايىھە) ھەققىدىكى ئىزاھاتى، دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى لى خۇگېيۇننىڭ «ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا كوللېكتىپ ئىگىلىكى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نىزامى» (لايىھە) ھەققىدىكى ئىزاھاتى، ش ئۇ ئا ر باھا ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئەركىن ئىبراھىمنىڭ «ئاپتونوم رايونىنىڭ دېلولارغا چېتىلىدىغان بۇيۇملارغا باھا قويۇش نىزامى» (لايىھە) ھەققىدىكى ئىزاھاتى، ش ئۇ ئا ر تۈزچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى گاۋ زۇڭلىننىڭ «ئاپتونوم رايونىنىڭ تۈزچىلىقنى باشقۇرۇش نىزامى» (لايىھە) توغرىسىدىكى ئىزاھاتى قاراپ چىقىلدى، قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ «ئۈرۈمچى شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ (ئۈرۈمچى شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمىتىنى نازارەت قىلىش ۋاقىتلىق چارىسى)نى تۈزىتىش توغرىسىدىكى قارارى» ۋە «ئۈرۈمچى شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ (ئۈرۈمچى شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە شەھەرلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمىتىنى نازارەت قىلىش ۋاقىتلىق چارىسى)نى تۈزىتىش توغرىسىدىكى قارارى»نى قاراپ چىقىش نەتىجىسى ھەققىدىكى دوكلاتى (يازما) قاراپ چىقىلدى. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەمگەكنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش نىزامى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ (جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يەر باشقۇرۇش قانۇنى)نى يولغا قويۇش چارىسى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش - ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش چارىسى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دېلولارغا چېتىلىدىغان بۇيۇملارغا باھا قويۇش نىزامى» ماقۇللاندى. «ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇھاكىمە قائىدىسى (تۈزىتىلگەن

لايىھە) » قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىللە قايتا مۇزاكىرە قىلىپ تۈزىتىلگەندىن كېيىن كېلەر سانلىق يىغىننىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇلۇشىغا ئاپىشۇرۇلدى. يىغىندا يەنە ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتىنىڭ مۇدىرى خەن شۈچىننىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ 1999 - يىل 1 — 6 - ئايغىچە خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئىجراسى ھەققىدىكى دوكلاتى، ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتىنىڭ نازىرى جۇ دېڭيۇننىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ 1998 - يىللىق شۇ دەرىجىلىك مالىيە خام چوتىنىڭ ئىجراسى ۋە باشقا مالىيە كىرىم - چىقىملىرىنى ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىش خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلاتى، دائىمىي كومىتېت مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ساۋ زۇڭخۇيىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قانۇنى» نىڭ ئىجراسى ھەققىدىكى دوكلاتى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاپتونوم رايوندىكى كەنت ئاھالىلەر كومىتېتلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلاتى (يازما) قاراپ چىقىلدى. يىغىن ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى مۇھەممەت روزىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، جاڭ سىمىننى يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا، سوت كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا تەيىنلىدى، ياۋ ياۋۋېننى يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىدىن، سوت كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىدىن قالدۇردى؛ ش ئۇ ئا ر خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى مۇھەممەت يۈسۈپنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ۋاڭ جۈننى ش ئۇ ئا ر خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باش تەپتىشلىكىگە، تەپتىش كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا تەيىنلىدى. يىغىن كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش - ۋەزىپىدىن قالدۇرۇشقا دائىر باشقا ئىشلارنى ماقۇللىدى.

11 - سانلىق يىغىن 9 - ئاينىڭ 21 — 24 - كۈنىگىچە ئېچىلدى. يىغىندا ج ك پ 15 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ئۆگىنىلدى. ساۋ زۇڭخۇيىنىڭ «ئاپتونوم رايوننىڭ تۈزچىلىقىنى باشقۇرۇش نىزامى» (لايىھە) نى تۈزىتىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى، دائىمىي كومىتېت يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھەسەن ھامۇتنىڭ «ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا كوللېكتىپ ئىگىلىكى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نىزامى» (لايىھە) نى تۈزىتىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى، ش ئۇ ئا ر ئارخىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋەن جاۋكۈننىڭ «ئاپتونوم رايوننىڭ ئارخىپ باشقۇرۇش نىزامى» (لايىھە) ھەققىدىكى ئىزاھاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى؛ مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى چېن زېيۇننىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ 1998 - يىللىق شۇ دەرىجىلىك مالىيە نەق چوتى ۋە 1999 - يىل 1 — 8 - ئايغىچە ئاپتونوم رايون مالىيە خام چوتىنىڭ ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مالىيە خام چوتىنىڭ ئىجراسى ھەم خام چوتىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى، سۇچىلىق نازارىتىنىڭ نازىرى تۇرسۇن توختىنىڭ تارىم دەرياسى غول ئېقىنىنى ئۇنىۋېرسال پىلانلاپ تىزگىنلەش توغرىسىدىكى دوكلاتى، يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى مۇھەممەت روزىنىڭ ئىجرا قىلىش خىزمىتىنىڭ ئەھۋالىدىن بەرگەن دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى؛ مۇئاۋىن رەئىس شيۇلىڭ خۇيىيىننىڭ «يېزا - بازار كارخانىلىرى قانۇنى» ۋە «ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا - بازار كارخانىلىرى نىزامى» نىڭ ئىجراسى توغرىسىدىكى يازما دوكلاتى قاراپ چىقىلدى؛ يىغىن «ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا كوللېكتىپ ئىگىلىكى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نىزامى» نى، دائىمىي كومىتېتنىڭ «كىرىيە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ پاختا بازىسى فوندى تەسىس قىلىش ھەققىدىكى دوكلاتىنى قاراپ چىقىپ ماقۇللاش توغرىسىدىكى قارارى» نى بىكار قىلىش توغرىسىدىكى قارارىنى، دائىمىي كومىتېتنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ 1998 - يىللىق شۇ دەرىجىلىك نەق چوتىنى تەستىقلاش توغرىسىدىكى قارارىنى ھەم ئاپتونوم رايوننىڭ 1999 - يىللىق شۇ دەرىجىلىك مالىيە خام چوتىنى قىسمەن ئۆزگەرتىشنى تەستىقلاش توغرىسىدىكى قارارىنى ماقۇللىدى. يىغىن رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن: ئابدۇرېھىم ھاجى ئىمىننى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە، ئەركىن ئۆمەر باقىنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپلىقىغا، ئامان ھاجىنى قاتناش نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا، قادىر ھوشۇرنى ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا تەيىنلەشنى قارار قىلدى؛ ئەركىن ئۆمەر باقىنى ماشىنسازلىق - ئېلېكترون سانائىتى نازارىتىنىڭ نازىرلىقىدىن، يۇنۇس يۈسۈپنى قاتناش نازارىتىنىڭ نازىرلىقىدىن قالدۇرۇشنى قارار قىلدى. يىغىن مۇدىر ھامىدىن نىيازنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن: شۇ مېيجيې، بەكرى ئىلىيازلارنى دائىمىي كومىتېت قۇمۇل ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلىدى، ۋۇ ۋېنشياڭ، ياڭ خۇيدۇەنلەرنى قۇمۇل ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىدىن قالدۇردى. يىغىن يەنە كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش - ۋەزىپىدىن قالدۇرۇشقا دائىر باشقا ئىشلارنى ماقۇللىدى.

12 - سانلىق يىغىن 10 - ئاينىڭ 27 — 28 - كۈنىگىچە ئېچىلدى. يىغىندا ش ئۇ ئا ر پارتكوم 6 - ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنىڭ روھى ئۆگىنىلدى؛ تيەن جىخەينىڭ «ئاپتونوم رايوننىڭ ئارخىپ باشقۇرۇش نىزامى (لايىھە)» نى تۈزىتىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ

ئۆتتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى، بۇ نىزام ئۈستىدە بەزى تۈزىتىش پىكىرلىرى بېرىلگەندىن كېيىن، قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە تۈزىتىپ، كېلەر سانلىق يىغىننىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇشىغا تاپشۇرۇلدى. يىغىندا يەنە ئۈرۈمچى شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ دەپنە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى» نى تەستىقلاشقا سۇنۇش توغرىسىدىكى تەكلىپى قاراپ چىقىلدى. يىغىن رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن: جاڭ ۋېنيۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تەيىنلەشنى، جاڭ يۇنچۈەننى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىدىن قالدۇرۇشنى، ئابلىز باقىنى ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىدىن قالدۇرۇشنى قارار قىلدى. يىغىن يەنە كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش - ۋەزىپىدىن قالدۇرۇشقا دائىر باشقا ئىشلارنى ماقۇللىدى.

13 - سانلىق يىغىن 12 - ئاينىڭ 21 — 25 - كۈنىگىچە ئېچىلدى. يىغىندا ئەبەيدۇللا تېيىپنىڭ «ئاپتونوم رايوننىڭ 〈ئارخىپ قانۇنى〉نى يولغا قويۇش چارىسى (لايىھە)»، «ئاپتونوم رايوننىڭ تۇزچىلىقنى باشقۇرۇش نىزامى (لايىھە)»نى قاراپ چىقىش نەتىجىسى توغرىسىدىكى دوكلاتى، ش ئۇ ئا ر ئوت ئۆچۈرۈش - ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش ئىدارىسىنىڭ سىياسىي كومىسسارى مى شيەنلىننىڭ «ئاپتونوم رايوننىڭ ئوت ئۆچۈرۈش - ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش نىزامىنىڭ تۈزىتىلمىسى» (لايىھە) توغرىسىدىكى ئىزاھاتى ئاڭلاپ ئۆتتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى؛ قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ دەپنە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى» بىلەن «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ خەلق ساقچىلىرى چارلاش نىزامى»نى قاراپ چىقىش نەتىجىسى توغرىسىدىكى دوكلاتى (يازما) قاراپ چىقىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3 - يىغىنىنى ئېچىش توغرىسىدىكى قارارى ماقۇللاندى. يىغىن 3 - يىغىننى 2000 - يىل 1 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىشنى قارار قىلدى. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 〈جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئارخىپ قانۇنى〉نى يولغا قويۇش چارىسى» ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تۇزچىلىقنى باشقۇرۇش نىزامى»نى ماقۇللىدى، دائىمىي كومىتېتنىڭ «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ دەپنە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى» ۋە «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ خەلق ساقچىلىرى چارلاش نىزامى»نى تەستىقلاش توغرىسىدىكى قارارىنى ماقۇللىدى. «ئاپتونوم رايوننىڭ ئوت ئۆچۈرۈش - ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش نىزامىنىڭ تۈزىتىلمىسى» (لايىھە) ئۈستىدە بەزى تۈزىتىش پىكىرلىرى بېرىلگەندىن كېيىن، ئۇ قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىللە يەنە تۈزەتكەندىن كېيىن كېلەر سانلىق يىغىننىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇشىغا تاپشۇرۇلدى. يىغىندا يەنە ھەسەن ھامۇتنىڭ دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىشكە ئوخشاش سىياسەت ۋە قانۇنلارنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش ھەققىدىكى دوكلاتى، مۇئاۋىن رەئىس شيۇڭ خۇيىيىننىڭ دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش مەسىلىسىگە دائىر تەرتىپكە سېلىش - ئۆزگەرتىش تەدبىرلىرى توغرىسىدىكى دوكلاتى، ساۋ زۇڭخۇيىنىڭ «باج ئېلىش - باج باشقۇرۇش قانۇنى» ۋە ئۇنى «يولغا قويۇشنىڭ تەپسىلىي قائىدىسى»نىڭ ئىجراسى ھەققىدىكى دوكلاتى، سۇلتان ماموتنىڭ «جىنايى ئىشلار قانۇنى»، «جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى» ۋە «ھەق - تەلەپ دەۋا قانۇنى»نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى ئەركىن ئىمىر باقىنىڭ ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنىدا ۋەكىللەر بەرگەن تەكلىپلەرنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى. يىغىن ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى مۇھەممەت روزىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، لۇ چىڭانى ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا، سوت كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا تەيىنلىدى؛ ش ئۇ ئا ر خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى مۇھەممەت يۈسۈپنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، قاسىم ماموتنى ش ئۇ ئا ر خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باش تەپتىشلىكىدىن، تەپتىش كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىدىن قالدۇردى. يىغىن يەنە كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش - ۋەزىپىدىن قالدۇرۇشقا دائىر باشقا ئىشلارنى ماقۇللىدى.

ياڭ يى

## تەكلىپلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنىدا ۋەكىللەر 340 تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويدى، يىغىن ھەيئەت رىياسىتى تەكلىپلەرنى تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈش دوكلاتىغا ئاساسەن ئۇنىڭ 17سىنى تەكلىپ قىلىپ بېكىتىشنى قارار قىلدى. يىغىندىن كېيىن دائىمىي كومىتېت بۇ 17 تەكلىپنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇھاكىمە قىلىشىغا ۋە بىر تەرەپ قىلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىغا تاپشۇردى. بىر تەرەپ قىلىنغان تەكلىپلەر تۆۋەندىكىچە:

1. جاڭ يۈجى قاتارلىق 17 ۋەكىلنىڭ پەن - تېخنىكا سېلىنمىسىنى ئاشۇرۇپ كۆپەيتىش توغرىسىدىكى تەكلىپى.

2. ياڭ شۆلياڭ قاتارلىق 15 ۋەكىلنىڭ كېۋەز كېسەللىكلىرى ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تۈگىتىش ئىشى تېخنىكىسىنى تېزراق تەتقىق قىلىپ مەيدانغا

كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى تەكلىپى.

3. مەمتىمىن ياسىن قاتارلىق 30 ۋەكىلنىڭ مۇئەييەن سىياسەت - تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، يېزا ئىگىلىك ئەشيالىرى (خىمىيىۋى ئوغۇت) ئوبوروت تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىش توغرىسىدىكى تەكلىپى.

4. جاڭ جياباۋ قاتارلىق 83 ۋەكىلنىڭ تارىم دەرياسى ۋادىسىنى تېزگىنلەش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى 7-، 42-، 62-، 224 - نومۇرلۇق تەكلىپلىرى.

5. ۋاڭ خەنشياڭ قاتارلىق 30 ۋەكىلنىڭ ئۈرۈمچى ئاتموسفېراسىنىڭ بۇلغىنىشىنى تۈزەش مەسىلىسى توغرىسىدىكى 9-، 159-، 181 - نومۇرلۇق تەكلىپلىرى.

6. ئايۇپ قۇربان قاتارلىق 18 ۋەكىلنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىش چارىسى»نى تۈزۈپ چىقىش توغرىسىدىكى 156 - نومۇرلۇق تەكلىپى.

7. ئابدۇقادىر توختى قاتارلىق 20 ۋەكىلنىڭ نامرات رايونلارنىڭ مائارىپىغا مەبلەغ سېلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش توغرىسىدىكى 27-، 163 - نومۇرلۇق تەكلىپلىرى.

8. دۇخۇا قاتارلىق 14 ۋەكىلنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يەككە - خۇسۇسىي ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش نىزامى»نى چىقىرىش توغرىسىدىكى 214 - نومۇرلۇق تەكلىپى.

9. تۆنىياز مەممەت قاتارلىق 68 ۋەكىلنىڭ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئاپپاراتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش توغرىسىدىكى 161 - نومۇرلۇق تەكلىپى.

10. چۇ ۋېنجى قاتارلىق 11 ۋەكىلنىڭ قىرغىز تىلىدىكى تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى سۈنئىي ھەمراھقا چىقىرىش ۋە قىرغىزچە رادىئو ئاڭلىتىش ۋاقتىنى كۆپەيتىش توغرىسىدىكى 164 - نومۇرلۇق تەكلىپى.

ئارزىگۈل

## تەۋسىيەلەرنى بېجىرىش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنى مەزگىلىدە ۋەكىللەر تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىردىن (تۆۋەندە قىسقارتىپ تەۋسىيە دېيىلىدۇ) 662نى (تەۋسىيە قاتارىغا چىقىرىلغان 323 تەكلىپمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) بەردى. بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت - قاتناش، مالىيە - سودا، ئاساسىي قۇرۇلۇش، باج قاتارلىق ساھەلەرگە دائىرى 159، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق، چارۋىچىلىق ساھەلىرىگە دائىرى 228، مائارىپ، پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت، سەھىيە ساھەلىرىگە دائىرى 111، پىلان، ئەمگەك، كادىرلار، مائاش - پاراۋانلىق ساھەلىرىگە دائىرى 121، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە ۋە ج خ، ئەدلىيە ساھەسىگە دائىرى 37، باشقا ساھەلەرگە دائىرى 6. دائىمىي كومىتېت ۋەكىللەر - كادىرلار كومىتېتى يىغىن يېپىلغاندىن كېيىن بۇ تەۋسىيەلەرنى ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار ئورۇنلىرىنىڭ ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ مۇھاكىمە قىلىپ بېجىرىشىگە تاپشۇردى. بۇ تەۋسىيەلەر يىل ئاخىرىغىچە ئاساسەن بېجىرىلىپ بولدى، بېجىرىلىش نىسبىتى %95 بولدى. ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان تەۋسىيە، مەسىلىدىن قوبۇل قىلىنغىنى ۋە ئاساسەن ھەل قىلىنغىنى 105؛ ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىدىن ھەل قىلىنىۋاتقىنى ياكى پەيدىنپەي ھەل قىلىش پىلانىغا كىرگۈزۈلگىنى 358؛ شارائىتنىڭ چەكلىمىسى ياكى دۆلەتنىڭ سىياسەت، بەلگىلىمىسى تۈپەيلىدىن ھازىرچە ھەل قىلىشقا بولمايدىغىنى 115؛ ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەۋسىيەلەردىن دۆلەتنىڭ ئالاقىدار ئورۇنلىرىغا ئىنكاس قىلىنغىنى ياكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ پايدىلىنىشىغا بېرىلگىنى 48.

ئارزىگۈل

## ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقى خاتىرىلەندى

1999 - يىل 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى داغدۇغىلىق خاتىرىلىدى.

ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت، ھامىدىن نىياز، جانابىل، قېيۇم باۋۇدۇن، جاڭ ۋېنيۆ، جۇ شېڭتاۋ قاتارلىق رەھبەرلەر، ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ رەھبەرلىرى ئىلگىرىكى نۆۋەتلەردىكى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى قىسمەن ۋەكىللىرى، ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەركىبىدىكى خادىملار، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تەركىبىدىكى خادىملار ۋە 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ماھمۇر قاسىم سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى.

مۇدىر ھامىدىن نىياز سۆھبەت يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى ۋە سۆز قىلدى.

ۋاڭ لېچۈەن ش ئۇ ئا ر پارتكومىغا ۋاكالىتەن مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى ۋە ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى چوقۇم دەۋرنىڭ

تەلىپىگە لايىقلىشىپ، خەلقنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئادا قىلىپ، ھوقۇقىنى توغرا يۈرگۈزۈپ، تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئىشلەپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن تىرىشىشى كېرەك، دەپ كۆرسەتتى.

ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ سۆزىدە، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ تەركىبىدىكى خادىملاردىن ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئەمەل قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارەتچىلىكىنى قانۇن بويىچە ئاڭلىق قوبۇل قىلىشنى، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمىتىگە پائال مەدەت بېرىشىنى ۋە ماسلىشىشنى تەلەپ قىلدى.

شىې رۇڭرۇڭ

## خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى بىلەن كۆرۈشتى

1999 - يىل 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى چۈشتىن ئىلگىرى ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى ئاساسىي قاتلام خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ 8 ۋەكىلىنى رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت بىلەن كۆرۈشۈشكە تەشكىللىدى. ئابلەت ئابدۇرېشىت ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار رەھبەرلىرى ۋەكىللەر ئىنكاس قىلغان يېزا خىزمىتىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە يەككە - خۇسۇسىي ئىگىلىك، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى، ماتارىپ تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى قاتارلىق جەھەتلەرگە دائىر مەسىلىلەرگە بىر - بىرلەپ جاۋاب بەردى، بەزى مەسىلىلەرنى شۇ سورۇننىڭ ئۆزىدىلا ھەل قىلدى.

شىې رۇڭرۇڭ

## ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى تۇنجى قېتىملىق نازارەتچىلىك خىزمىتى يىغىنى ئاچتى

1999 - يىل 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى نازارەتچىلىك خىزمىتى بويىچە تۇنجى قېتىملىق تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىنى ۋە يېزا - بازار خەلق قۇرۇلتايلىرى خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى، يىغىنغا ئاپتونوم رايوندىكى 4 دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشتى.

مۇدىر ھامىدىن نىياز «تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرەيلى» دېگەن تېمىدا سۆز قىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ ۋېنيۆ سۆز قىلدى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جۇ شېڭتاۋ يازما سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى قانۇننىڭ ئىجراسى ئۈستىدىكى نازارەتچىلىكنى مۇھىم نۇقتا قىلىشى، بىرىنچىدىن، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتىگە دائىر قانۇنلارنىڭ ئىجراسى ئۈستىدىكى تەكشۈرۈشنى داۋاملىق ياخشى تۇتۇشى، ئىككىنچىدىن، دۆلەت كارخانىلىرى ۋە ھەرخىل ئىگىلىك تەركىبلىرىنى ئورتاق راۋاجلاندۇرۇشقا دائىر شىركەت قانۇنى، توختام قانۇنىغا ئوخشاش قانۇن - نىزاملارنىڭ ئىجراسى ئۈستىدىكى تەكشۈرۈشنى ياخشى تۇتۇشى، ئۈچىنچىدىن، ئاپتونوم رايوننىڭ دىنىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇش نىزامىغا ئوخشاش ئىجتىمائىي مۇقىملىققا ئالاقىدار قانۇن - نىزاملارنىڭ ئىجراسى ئۈستىدىكى تەكشۈرۈشنى ياخشى تۇتۇشى، تۆتىنچىدىن، مەمۇرىي جازا قانۇنى، دۆلەت تۆلەم قانۇنى ۋە جىنايى ئىشلار قانۇنى، جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىغا ئوخشاش قانۇنلارنىڭ ئىجراسى ئۈستىدىكى تەكشۈرۈشنى ياخشى تۇتۇشى، بەشىنچىدىن، پۇقرالارنىڭ، قانۇنىي ئىگىلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش جەھەتتىكى قانۇن - نىزاملارنىڭ ئىجراسى ئۈستىدىكى تەكشۈرۈشنى ياخشى تۇتۇشى لازىم. نازارەتچىلىكنىڭ ئۈنۈمىگە ھەقىقىي ئەھمىيەت بېرىپ، شەكىلۋازلىقتىن قاتتىق ساقلىنىشى كېرەك.

يىغىنغا دائىمىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرىدىن خەلچەم ئىسلام، شۇ پېڭ، مىجىت ناسىر، قادىر جانابىل، خوجىخان ھاكىموف، سۇلايمان نىيەتقۇل، ما جيەنگو ۋە باش كاتىپ مۇھەممەت ئىسمايىل قاتناشتى.

شىې رۇڭرۇڭ

## ھامىدىن نىياز سوت مەھكىمىسىنىڭ دېلو ئۈستىدە قىلغان ئوچۇق سوتىنى سىرتتىن ئاڭلىدى

1999 - يىل 6 - ئاينىڭ 23 - كۈنى مۇدىر ھامىدىن نىياز بىر قىسىم ئاما بىلەن بىللە ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خۇ يۇزېڭ قۇرۇلۇش پۇلىنى بەرمەي تۇرۇۋالغان شىنجاڭ «يادى» بېزەش - لايىھەلەش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئۈستىدە ئەرز قىلغان ماجىرا دېلوسى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان ئوچۇق سوتىنى سىرتتىن ئاڭلىدى. ئۇ سوت قىلىش ئۈنۈمىدىن مەمنۇن بولدى. ئۇ مۇنداق دېدى، دېلولارنى ئوچۇق سوت قىلىش بىر ئوبدان شەكىل، بۇنداق قىلغاندا، سوتچىنىڭ دېلو سوتلاش جەريانىنى ئاممىنىڭ نازارىتى ئاستىغا قويغىلى، سوتچىلارنى چېنىقتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئەدلىيە ئىشلىرىنى ئادىل يۈرگۈزۈش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، سوتچىلار قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى

كۆچەيتكىلى بولىدۇ، بۇ تۈزۈمنى ئەمەلىيەت داۋامىدا ھەقىقىي ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك.

شىي رۇڭرۇڭ

## «ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قانۇنى» ۋە «ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قانۇنىنى يولغا قويۇش نىزامى»نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى ئۈستىدىكى تەكشۈرۈش

دائىمىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قادىر جانابىل دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكى قىسمەن خادىملاردىن تەشكىللەنگەن تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى باشلاپ، 1999 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىدىن 5 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىگىچە تۇرپان، خوتەن، بايىنغولىن، تارباغاتاي، ئالتاي، قاراماي قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ قارمىقىدىكى توقسۇن، خوتەن، كورلا، مايتاغ قاتارلىق 12 ناھىيە، شەھەر (رايون)گە بېرىپ، «ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قانۇنى» ۋە «ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قانۇنىنى يولغا قويۇش نىزامى»نىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. تەكشۈرۈش داۋامىدا قىسمەن ناھىيە (شەھەر) لەردە «قانۇن» ۋە «نىزام»نى ئىجرا قىلىش جەھەتتە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى كۆرسىتىپ بەردى، مەسىلىلەرنى تۈزىتىپ، «قانۇن» ۋە «نىزام»نى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىل ئىجرا قىلىش ھەققىدە تەكلىپ بەردى.

شىي رۇڭرۇڭ

## ئاپتونوم رايوندا يېزىلارغا دائىر سىياسەت، قانۇنلارنىڭ ئىجراسى ئۈستىدىكى تەكشۈرۈش

1999 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ۋە 10 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مۇدىر ھامىدىن نىياز، مۇئاۋىن مۇدىر جاڭ خېڭ دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكى قىسمەن خادىملار، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە ئالاقىدار دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرىدىن تەشكىللەنگەن تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى باشلاپ، قەشقەر، قىزىلسۇ، ئاقسۇ، بايىنغولىن، ئىلى ئوبلاستى، ئىلى ۋىلايىتى، تارباغاتاي ۋىلايىتى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلارغا بېرىپ، يېزىلارغا دائىر سىياسەت، قانۇنلارنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى شۇنداق ھېسابلىدىكى، ئاپتونوم رايوندا دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ سېلىقى ئومۇمەن يەڭگىللەشكە قاراپ يۈزلەنگەن، لېكىن تۈپتىن يەڭگىللىمىگەن.

ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ باھاسى ۋە توك پۇلى ئومۇمىيۈزلۈك بەك يۇقىرى بولغان؛ بەزى جايلاردا قالايمىقان ھەق ئېلىش، قالايمىقان سېلىق سېلىش، قالايمىقان مەبلەغ توپلاش ئەھۋالى مەۋجۇت، بەزى جايلاردا بىر قەدەر ئېغىر بولۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغان. 1999 ـ يىلى ئاشلىق، پاختا باھاسىنىڭ تۆۋەنلىشى بىلەن، دېھقانلارنىڭ كىرىمى ئازىيىپ كەتكەن. دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللەتمەي بولمايدۇ. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر بۇ خىزمەتكە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بازار ئېھتىياجىغا ئاساسەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، مەھسۇلاتلارنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئەۋلادىنى يەڭگۈشلەپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى تۈرلۈك ئاماللار بىلەن كۆپەيتىشى كېرەك.

شىي رۇڭرۇڭ

## «باج ئېلىش ـ باج باشقۇرۇش قانۇنى» ۋە ئۇنى «يولغا قويۇشنىڭ تەپسىلىي قائىدىسى»نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى ئۈستىدىكى تەكشۈرۈش

1999 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىن 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە مۇئاۋىن مۇدىر قادىر جانابىل دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكى قىسمەن خادىملاردىن تەشكىللەنگەن تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى باشلاپ، تۇرپان، قۇمۇل، قەشقەر، بايىنغولىن، سانجى ۋە ئۈرۈمچى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە ۋە ئۇلار قارمىقىدىكى پىچان، قۇمۇل، قەشقەر، كورلا، سايباغ، شىمىگۇ قاتارلىق 7 ناھىيە، شەھەر، رايونغا بېرىپ، «باج ئېلىش ـ باج باشقۇرۇش قانۇنى» ۋە ئۇنى «يولغا قويۇشنىڭ تەپسىلىي قائىدىسى»نىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. باج ئېلىش ـ باج باشقۇرۇشقا دائىر قانۇننى ئىجرا قىلىش جەھەتتە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى ۋە «باج ئېلىش ـ باج باشقۇرۇش قانۇنى»نىڭ ئۆزىدىكى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدىغان تەرەپلەرنى ھەم تەكشۈرۈشتە بايقالغان باشقا كونكرېت مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، بىر قانچە تەكلىپ بەردى.

شىي رۇڭرۇڭ

## «جىنايى ئىشلار قانۇنى»، «جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى»، «ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى»نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى ئۈستىدىكى تەكشۈرۈش

1999 ـ يىل 10 ـ، 11 ـ ئايلاردا، مۇئاۋىن مۇدىر لى فېڭزى، ما جيەنگولار باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىلىرى ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىلى ئوبلاستلىق شۆبىسى ۋە بىڭتۇەن شۆبىسى، ش ئۇ ئا ر خەلق

تەپتىش مەھكىمىسى، ئىلى ئوبلاستلىق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، بىڭتۇەن خەلق تەپتىش مەھكىمىسىگە، ئىلى، تارباغاتاي، ئاقسۇ، قەشقەر، ئۈرۈمچى قاتارلىق ۋىلايەت، شەھەرلەردىكى ۋە ئۇلارغا قاراشلىق 10 نەچچە ناھىيە (شەھەر، رايون) دىكى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 1 -، 3 -، 4 -، 9 - شىلىرىدىكى ۋە ئۇلارغا قاراشلىق 4 يۈز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدىكى سوت مەھكىمىلىرىگە، تەپتىش مەھكىمىلىرىگە بېرىپ، «جىنايى ئىشلار قانۇنى»، «جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى»، «ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى» نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. 3 قانۇننىڭ يولغا قويۇلۇشىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى — سۇبيېكتانىيە (ئەمەلىي گەۋدە) قانۇنىغا ئەھمىيەت بېرىپ، تەرتىپ قانۇنىغا سەل قاراش، ئوچۇق سوت قىلىش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرماسلىق، ئاز ساندىكى دېلولارنىڭ بېجىرىلىش سۈپىتى تۆۋەن بولۇش، ھۆكۈمنى ئىجرا قىلىش قىيىن بولۇش، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىشى يېتەرلىك بولماسلىق، ئايرىم جايلاردا ئەدلىيە ئورگانلىرى ئادۋوكاتلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشىغا ھۆرمەت قىلماسلىق، ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قوللىماسلىق، دۆلەت قانۇنلىرىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىغا ۋاقتىدا تەرجىمە قىلىنماي، ئاز سانلىق مىللەت كادىر - ساقچىلىرىنىڭ ساپاسىنىڭ ئۆستۈرۈلۈشىگە تەسىر يەتكۈزۈشكە ئوخشاش مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، بىر قانچە تەكلىپ بەردى: 1) تەدبىر بەلگىلەپ، بەلنى چىڭ باغلاپ، ساقلانغان مەسىلىلەرنى قەتئىي تۈزىتىش كېرەك؛ 2) ھەر دەرىجىلىك ج خ، تەپتىش، سوت ئورگانلىرى مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، ئۆزئارا ماسلىشىپ، قانۇننى توغرا، ئۈنۈملۈك ئىجرا قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. 3) ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى كادىرلار ۋە ئاممىنى «ئۈچ قانۇن» نى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇشى، «ئۈچ قانۇن» نى راسا تەشۋىق قىلىشى كېرەك. 4) «ئۈچ قانۇن» نىڭ يولغا قويۇلۇشى ئۈستىدىكى نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش كېرەك.

شىي رۇڭرۇڭ

# ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى

## ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى، مۇئاۋىن باش كاتىپلىرى ۋە ھۆكۈمەت تەركىبىدىكى خادىملارنىڭ ئىسىملىكى

رەئىس: ئابلەت ئابدۇرېشىت.

مۇئاۋىن رەئىسلەر: جاڭ يۇنچۇەن (10 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جاڭ ۋېنيۆ (10 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، فوپۇر ئابدۇللا، ۋاڭ خۇەييۇ، دەلىلقان ماسقان (قازاق)، شيوڭ خۇيمىن، مەمتىمىن زاكىر، جاڭ جۇ، ئابدۇقادىر نەسرىدىن، ئابدۇرېھىم ھاجى ئىمىن (9 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

باش كاتىپ: ئەركىن ئىمىرباقى (9 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

مۇئاۋىن باش كاتىپلار: ياڭ جاۋجى، لى دېخۇڭ، لى شىلي، جاۋ جەنكۇي، ئارىپ (قازاق)، يۈسۈپ قاسىم، مادى (خۇيزۇ)، جاڭ رېنجيې، ئايۇپ تېيىپ.

پىلان كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: خەن شۆچى.

ئىقتىساد - سودا كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: سۇڭ رۇڭخاۋ.

مائارىپ كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: سادىر قادىر.

پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: گو جيايۇ.

مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابدۇللا ھەمدۇللا.

جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ نازىرى: جاڭ شيۇمىڭ.

دۆلەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ نازىرى: گوڭ چىخۇا.

مەمۇرىي تەپتىشلىك نازارىتىنىڭ نازىرى: ئابدۇراخمان پولات.

خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرى: جاپپار ئابدۇللا.

ئەدلىيە نازارىتىنىڭ نازىرى: روزى ئىسمائىل.

مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى: چېن زېيۇ.

كادىرلار نازارىتىنىڭ نازىرى: ساتتار ساۋۇت.

ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىنىڭ نازىرى: قادىر ھوشۇر (9 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى: جاڭ گوۋېن.

كۆمۈر سانائىتى نازارىتىنىڭ نازىرى: گۇەن شىچېن.

گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلار نازارىتىنىڭ نازىرى: گاۋ جۇاڭ.

قاتناش نازارىتىنىڭ نازىرى: ئامان ھاجى (9 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ماشىنسازلىق - ئېلېكترون سانائىتى نازارىتىنىڭ نازىرى: ئەركىن ئىمىرباقى (9 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى).

خىمىيە سانائىتى نازارىتىنىڭ نازىرى: پېڭ سىكۇي.

يېنىك سانائەت نازارىتىنىڭ نازىرى: ئابدۇللا سايىت.

توقۇمىچىلىق سانائىتى نازارىتىنىڭ نازىرى: ۋاڭ جىۋېن.

سۇچىلىق نازارىتىنىڭ نازىرى: تۇرسۇن توختى.

ئورمانچىلىق نازارىتىنىڭ نازىرى: مەھەممەت ئابدۇللا.

چارۋىچىلىق نازارىتىنىڭ نازىرى: ئارىستان قالىم (قازاق).

يەر ئىدارىسىنىڭ باشلىقى: شارىپقان (قازاق).

سودا نازارىتىنىڭ نازىرى: ئابلەت مەھەممەتجان.

ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى: ئابدۇكېرىم ھاشىم.

تاشقى سودا - ئىقتىساد ھەمكارلىقى نازارىتىنىڭ نازىرى: ليۇ يى.

مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى: زۇنۇن قۇتلۇق.

رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە نازارىتىنىڭ نازىرى: خې فۇلىن.

سەھىيە نازارىتىنىڭ نازىرى: ياسىن تۇرسۇن.

ساياھەتچىلىك ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى: نەيىم ياسىن.

ئىقتىسادىي تەپتىش نازارىتىنىڭ نازىرى: جۇ دېخيۇن.

ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ليۇ جىشياڭ.

خەلق ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار (مۇھاجىرلار خىزمىتى) ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى: نىشان ئىبراھىم.

خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى: ئابلىز مۇسا.

مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئېلى زايىت.

تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابلىز باقى (10 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى).

پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ھەسەن ئايۇپ.

مال باھاسى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى: ياڭ شۈلياڭ (خۇيزۇ).

ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى: سۇ دېگۈي.

سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى: نۇرمۇھەممەت كېرىم.

ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسىنىڭ باشلىقى: مىجىت ئابدۇرۇسول.

## ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنلىرى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى جەمئىي 2 قېتىم ئومۇمىي يىغىن ئاچتى.

2 - ئاينىڭ 11 - كۈنى 3 - قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن ئاچتى. يىغىندا ئاپتونوم رايونىنىڭ 1999 - يىللىق نىشان ۋە ۋەزىپىلەر ھەم پاكلىق قۇرۇلۇشى خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. يىغىندا رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت مۇھىم سۆز قىلدى.

7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى 4 - قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن ئاچتى، يىغىندا ئالدىنقى يېرىم يىللىق خىزمەتلەرنى يەكۈنلەش، نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىش ئاساسىدا، پۈتۈن يىللىق ئىقتىسادىي تەرەققىيات نىشانىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ ئاساسلىق تەدبىرلىرى مۇھاكىمە قىلىندى ھەمدە كېيىنكى يېرىم يىللىق ئاساسلىق ئىقتىسادىي خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى. رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت ۋە مۇئاۋىن رەئىس جاڭ يۈنچۈەن مۇھىم سۆز قىلدى.

گاۋ شىنلىڭ

## ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دائىمىي يىغىنلىرى

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى جەمئىي 6 قېتىم دائىمىي يىغىن ئاچتى.

رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى 4 - سانلىق دائىمىي يىغىن ئۆتكۈزۈلدى، يىغىندا «ئاپتونوم رايونىنىڭ تەنتەربىيە تىجارىتى پائالىيىتىنى باشقۇرۇش چارىسى»، «ئاپتونوم رايونىنىڭ خام چوت سىرتىدىكى مەبلەغلەرنى باشقۇرۇش نىزامى» ۋە «ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹دەپنە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى›نى يولغا قويۇشقا دائىر بىر قانچە بەلگىلىمىسى» مۇزاكىرە قىلىنىپ ۋە پرىنسىپ جەھەتتىن ماقۇللىنىپ، خەلق ھۆكۈمىتى قانۇنچىلىق ئىدارىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ئۇنى يەنىمۇ تۈزىتىپ، مۇكەممەللەشتۈرگەندىن كېيىن، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قائىدە - نىزاملىرى سۈپىتىدە جاكارلىنىشىغا تاپشۇرۇلدى، يىغىندا يەنە خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى.

مۇئاۋىن رەئىس جاڭ يۈنچۈەننىڭ رىياسەتچىلىكىدە 3 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 5 - سانلىق دائىمىي يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇلىدىغان «ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹يەر باشقۇرۇش قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى (تۈزىتىلگەن لايىھە)»، «ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ مەھسۇلاتقا ئايلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى (لايىھە)» ۋە «ئاپتونوم رايونىنىڭ ياشانغانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەپئەتىنى قوغداش نىزامىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھەسى (لايىھە)» مۇزاكىرە قىلىندى، «ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹ئىشسىزلار سۇغۇرتىسى نىزامى›نى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە يولغا قويۇش تۇغرىسىدىكى پىكىرى» ۋە «ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققى تۆلەشنىڭ ۋاقىتلىق

نىزامى)نى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى» مۇزاكىرە قىلىندى ھەمدە پرىنسىپ جەھەتتىن ماقۇللاندى.

رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 5 - ئاينىڭ 24 - كۈنى 6 - سانلىق دائىمىي يىغىن ئۆتكۈزۈلۈپ، مەملىكەتلىك ئاشلىق ئوبوروتى تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى ۋە ئۇنى ئاپتونوم رايوندا ئىزچىللاشتۇرۇش پىكرى ھەققىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى. ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇلىدىغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دېلوغا چېتىشلىق نەرسىلەرگە باھا قويۇش - ئۇلارنى باشقۇرۇش نىزامى (لايىھە)»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تۈزچىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى (لايىھە)» مۇزاكىرە قىلىندى، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تۇرپان يارغول قەدىمىي شەھىرىدىكى تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىزنالىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش چارىسى» ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قىزىل مىڭئۆيى تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىزنالىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش چارىسى» مۇزاكىرە قىلىندى ۋە پرىنسىپ جەھەتتىن ماقۇللاندى.

رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى 7 - سانلىق دائىمىي يىغىن ئۆتكۈزۈلۈپ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا كوللېكتىپ ئىگىلىكىنىڭ ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نىزامى (لايىھە)» ۋە «ئالتۇنتاغ دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنى باشقۇرۇش چارىسى (لايىھە)» مۇزاكىرە قىلىندى ۋە پرىنسىپ جەھەتتىن ماقۇللاندى.

رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى 8 - سانلىق دائىمىي يىغىن ئۆتكۈزۈلۈپ، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇلىدىغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئارخىپ باشقۇرۇش نىزامى (لايىھە)» مۇزاكىرە قىلىندى، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ چېگرا باشقۇرۇش رايونىدا يۈرۈش ۋە ئولتۇراقلىشىشنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى (لايىھە)» ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەھەرلەرنى ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەشنى باشقۇرۇش چارىسى (لايىھە)» مۇزاكىرە قىلىندى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مەملىكەتلىك 3 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىغا تەييارلىق كۆرۈش خىزمىتىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى.

رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، 12 - ئاينىڭ 13 - كۈنى 9 - سانلىق دائىمىي يىغىن ئۆتكۈزۈلۈپ، «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات» (دەسلەپكى نۇسخا) مۇزاكىرە قىلىندى، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇلىدىغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يەككە سودا - سانائەتچىلەرنىڭ ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش نىزامى (لايىھە)» ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئوت ئۆچۈرۈش - ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش نىزامى (تۈزىتىپ بېكىتىلگەن)» مۇزاكىرە قىلىنىپ، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ئۇلارنى يەنىمۇ تۈزىتىپ مۇكەممەللەشتۈرگەندىن كېيىن، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قاراپ چىقىشىغا يوللىشىغا تاپشۇردى.

گاۋ شىنلىڭ

## رەئىسلەرنىڭ ئىش بېجىرىش يىغىنلىرى

ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى 1999 - يىلى 22 قېتىم رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئاچتى.

مۇئاۋىن رەئىس جاڭ يۈەنچۈەننىڭ رىياسەتچىلىكىدە 1 - ئاينىڭ 4 - كۈنى 23 - سانلىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مەملىكەتلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى يىغىنىنىڭ روھى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، ئاپتونوم رايونىنىڭ ئۇنى ئىزچىللاشتۇرۇش - ئىجرا قىلىش توغرىسىدىكى پىكرى مۇزاكىرە قىلىندى.

رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، 1 - ئاينىڭ 18 - كۈنى 24 - سانلىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، نۆۋەتتىكى خىزمەتلەر مۇزاكىرە قىلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، 1 - ئاينىڭ 24 - كۈنى 25 - سانلىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، مالىيە نازارىتىنىڭ 1999 - يىللىق مالىيە كىرىم - چىقىم پىلانىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى.

رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى 26 - سانلىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھازىرقى ئىقتىسادىي ئەھۋالى مۇزاكىرە قىلىندى.

رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، 4 - ئاينىڭ 3 - كۈنى 27 - سانلىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، كادىرلار نازارىتىنىڭ ئاساسىي قاتلامدا يىلتىز تارتىپ، خالىس تۆھپە قوشقان «ئون نادىر چاكار»نى باھالاپ سايلاپ چىقىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ

ئۆتتۈلدى.

رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى 28 - سانلىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەر - بازارلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ ئومۇمىي پىلانى مۇھاكىمە قىلىندى، بۇ ھەقتىكى نۆۋەتتىكى خىزمەتلەر مۇزاكىرە قىلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى 29 - سانلىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئۈرۈمچىنىڭ تۇرۇبا سۈيىنىڭ باھاسىنى ۋە ئۈرۈمچى ئېلېكتر تورىدا ئىشلىتىلىدىغان ھەرخىل توكنىڭ باھاسىنى تەڭشەش توغرىسىدىكى مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىندى؛ «مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش كىنىشكىسى» ۋە «قانۇننىڭ ئىجراسىنى نازارەت قىلىش كىنىشكىسى» ئىشلىتىشكە دائىر ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتتۈلدى؛ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەمۇرىي جەھەتتىن مۇكاپاتلاش خىزمىتىنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق چارىسى» مۇزاكىرە قىلىندى ھەمدە پرىنسىپ جەھەتتىن ماقۇللاندى.

رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، 4- ئاينىڭ 27 - كۈنى 30 - سانلىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ سۇپەت - تېخنىكىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىندى؛ ئاپتونوم رايوننىڭ 1 - پەسىللىك ئىقتىسادىي ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتتۈلدى، 2 - پەسىللىك ئىقتىسادىي خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى 31 - سانلىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، 99' ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىنىڭ ئومۇمىي خىزمەت لايىھىسى، ئاپتونوم رايوندا 1999 - يىلى ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوملارنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسى ۋە تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىندى.

رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، 5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى 32 - سانلىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەر - بازارلاردىكى ئۆي تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكرى، شىنجاڭ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش قوشۇنىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش لايىھىسى شۇنىڭدەك قىزىل سۇ ئامبىرى ئېتراپىدىكى خەلقنى كۆچۈرۈشتە قېپقالغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسى مۇزاكىرە قىلىندى.

رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، 5 - ئاينىڭ 17 - كۈنى 33 - سانلىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، نۆۋەتتىكى خىزمەتلەر مۇھاكىمە قىلىندى.

رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى 34 - سانلىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، نۆۋەتتىكى خىزمەتلەر مۇھاكىمە قىلىندى.

رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى 35 - سانلىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، مەملىكەتلىك پاختا خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى شۇنىڭدەك ئۇنى ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىزچىللاشتۇرۇش پىكرى توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتتۈلدى، قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ ئورمان باش ئەترىتىنى قۇرۇش، ئۇنۋان تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئۇنۋاننى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇپ باھالاش مېخانىزمىنى پەيدىنپەي ئورنىتىش شۇنىڭدەك شىنجاڭدىن چىقىرىلىدىغان بىر قىسىم ماددىي ئەشيالارنى ۋىزا بېرىپ باشقۇرۇشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىندى.

رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى 36 - سانلىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، مەملىكەتلىك مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى شۇنىڭدەك ئۇنى ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىزچىللاشتۇرۇش پىكرى توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتتۈلدى، ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتىنىڭ، ئىقتىساد - سودا كومىتېتىنىڭ دۆلەت زايومىنى قولغا كەلتۈرۈش پىلانىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتتۈلدى. ئاشلىق، پاختا، ياغ سېتىۋېلىش قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىندى.

مۇئاۋىن رەئىس جاڭ يۈنچۈەننىڭ رىياسەتچىلىكىدە، 8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى 37 - سانلىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، نۆۋەتتىكى كەلكۈن ئاپىتىنىڭ ئەھۋالى ۋە ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى، 99' ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىنىڭ ئېچىلىشىغا تەييارلىق كۆرۈش خىزمىتىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالى توغرىسىدىكى ۋە شىنجاڭ ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى ئۆمىكىنىڭ شەندۇڭ ئۆلكىسىگە بېرىپ تەكشۈرۈشتە، زىيارەتتە بولغانلىقى ۋە ھەمكارلىشىش توغرىسىدا مەسلىھەتلەشكەنلىكى ھەققىدىكى

دوكلاتلار ئاڭلاپ ئۆتتۈلدى، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئىشسىزلىق سوغۇرتىسىغا قاتنىشىشى توغرىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىندى.

رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى 38 - سانلىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، نۆۋەتتىكى خىزمەتلەر مۇزاكىرە قىلىندى.

رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى 39 - سانلىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ ئىش تەقسىماتى ۋە نۆۋەتتىكى خىزمەتلەر مۇزاكىرە قىلىندى.

رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، 11 - ئاينىڭ 9 - كۈنى 40 - سانلىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەننىڭ يەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنى كۈچەيتىپ، يۇقىرى يەن - تېخنىكىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇنىڭ كەسىپلەشتۈرۈلۈشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش توغرىسىدىكى قارارى»نى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكرى، «ئاپتونوم رايونىمىزدا خىمىيىۋى ئوغۇتنىڭ ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر» ۋە «مەمۇرىي، كەسپىي خاراكتېرلىك ھەق ئېلىش ۋە جەرىمانە قويۇش - مۇسادىرە قىلىشتىن كىرگەن كىرىم بىلەن ئۇنىڭ چىقىم قىلىنىشىنى ئايرىپ باشقۇرۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغانلارغا مەمۇرىي چارە كۆرۈش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» مۇزاكىرە قىلىندى.

رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، 11 - ئاينىڭ 24 - كۈنى 41 - سانلىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتىنىڭ 1999 - يىللىق پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ۋە 2000 - يىللىق خىزمەتنىڭ دەسلەپكى ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتتۈلدى.

رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، 11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى 42 - سانلىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئاپتونوم رايون رەئىسىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنىدا سۆزلەيدىغان سۆزى مۇزاكىرە قىلىندى.

رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، 12 - ئاينىڭ 13 - كۈنى 43 - سانلىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات» (دەسلەپكى نۇسخا) مۇزاكىرە قىلىندى.

رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى 44 - سانلىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خاس مۇپەتتىشلىرى ۋاقىتلىق چارىسى» مۇزاكىرە قىلىندى، ۋالى مىنگاڭنىڭ خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىقتىسادىي مەسلىھەتچىلىكىگە تەكلىپ قىلىنىدىغانلىقىغا دائىر ئەھۋال خەۋەر قىلىندى، نۆۋەتتىكى خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

گاۋ شىنلىڭ

## ئوبلاست باشلىقلىرى (شەھەر باشلىقلىرى)، ۋالىيلار يىغىنى

ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى 1999 - يىل 1 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ئوبلاست باشلىقلىرى (شەھەر باشلىقلىرى)، ۋالىيلار يىغىنى ئاچتى. يىغىندا رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت بۇ يىللىق خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى ۋە مەسئۇلىيەتنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ، تۈرلۈك سىياسەت، تەدبىرلەرنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۇ يىللىق ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات نىشانىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش قاتارلىق ئىشلار توغرىلىق مۇھىم سۆز قىلدى.

گاۋ شىنلىڭ

## ھۆكۈمەت پەرمانلىرى

رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت 2 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ھۆكۈمەتنىڭ 85 - نومۇرلۇق پەرمانىغا ئىمزا قويۇپ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تەنتەربىيە تىجارەت پائالىيەتلىرىنى باشقۇرۇش چارىسى»نى ئېلان قىلدى.

رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت 2 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ھۆكۈمەتنىڭ 86 - نومۇرلۇق پەرمانىغا ئىمزا قويۇپ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ خام چوت سىرتىدىكى مەبلەغلەرنى باشقۇرۇش چارىسى»نى ئېلان قىلدى.

رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت 2 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ھۆكۈمەتنىڭ 87 - نومۇرلۇق پەرمانىغا ئىمزا قويۇپ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ (دېپو ئىشلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى)نى يولغا قويۇشقا دائىر بىر قانچە بەلگىلىمىسى»نى ئېلان قىلدى.

رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت 6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ھۆكۈمەتنىڭ 88 - نومۇرلۇق پەرمانىغا ئىمزا قويۇپ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قىزىل مىڭئۆيى تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىزنالىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش چارىسى»نى ئېلان قىلدى.

رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت 6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ھۆكۈمەتنىڭ 89 - نومۇرلۇق پەرمانىغا ئىمزا قويۇپ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تۇرپان يارغول قەدىمىي

شەھىرىدىكى تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىزنالىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش چارىسى»نى ئېلان قىلدى.

رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت 7 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ھۆكۈمەتنىڭ 90 - نومۇرلۇق پەرمانىغا ئىمزا قويۇپ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئالتۇنتاغ دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنى باشقۇرۇش چارىسى»نى ئېلان قىلدى.

رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت 12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ھۆكۈمەتنىڭ 91 - نومۇرلۇق پەرمانىغا ئىمزا قويۇپ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئادەت بايرام كۈنلىرى دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىش چارىسى»نى ئېلان قىلدى.

ۋۇ لىجيې

## قارار، بەلگىلىمىلەر

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 1999 - يىلى چىقارغان قارارلار، بەلگىلىمىلەر (بىر قىسمى)

1 - ئاينىڭ 4 - كۈنى «1998 - يىللىق نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت مەسئۇلىيەت تۈزۈمى نىشانىنى ئورۇندىغان ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە ئورۇنلارنى تەقدىرلەش، مۇكاپاتلاش توغرىسىدا قارار» چىقىرىلدى.

1 - ئاينىڭ 4 - كۈنى «پىلانلىق تۇغۇتتا ‹ئۈچىنى ئاساس قىلىش› نىشانلىق پىلانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالى توغرىسىدا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ۋە ‹ئۈچىنى ئاساس قىلىش›تا لاياقەتلىك بولغان ناھىيە (شەھەر) لەرگە نام بېرىش توغرىسىدا قارار» چىقىرىلدى.

2 - ئاينىڭ 2 - كۈنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاپتونوم رايوندىكى مۇنەۋۋەر يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ، زاۋۇتلىرىنىڭ باشلىقلىرى (دىرېكتورلىرى، باش مۇدىرلىرى) نى تەقدىرلەش توغرىسىدىكى قارارى» چىقىرىلدى.

2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى «ئاپتونوم رايوننىڭ 1998 - يىللىق ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى بويىچە ‹تەڭرىتاغ لوڭقىسى› مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ناھىيە (شەھەر) لەرنى تەقدىرلەش توغرىسىدا قارار» چىقىرىلدى.

3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى «مېتېئورولوگىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش توغرىسىدا قارار» چىقىرىلدى.

4 - ئاينىڭ 3 - كۈنى «ۋۇ دېگيۇن قاتارلىق ئون يولداشقا ‹ئاساسىي قاتلامدا يىلتىز تارتىپ› خالىس تۆھپە قوشقان ‹ئون نادىر چاكار› دەپ شەرەپلىك نام بېرىش توغرىسىدا قارار» چىقىرىلدى.

4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى «7 - نۆۋەتلىك يىراق شەرق - جەنۇبىي تىنچ ئوكيان رايونى ئەللىرى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە نەتىجە قازانغان جاڭ نەن قاتارلىق يولداشلارنى مۇكاپاتلاش توغرىسىدا قارار» چىقىرىلدى.

4 - ئاينىڭ 13 - كۈنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنىڭ ماشىنىلاشتۇرۇلۇشىنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى قارارى» چىقىرىلدى.

9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى «ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە باغ - ئورمانلاشتۇرۇلغان بىرىنچى تۈركۈم شەھەرلەر (ناھىيە بازارلىرى) گە نام بېرىش توغرىسىدا قارار» چىقىرىلدى.

9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى «ستېپۇن تايلور قاتارلىق ئون نەپەر مۇنەۋۋەر چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسكە ‹جۇڭگو تەڭرىتاغ مۇكاپاتى› بېرىش توغرىسىدا قارار» چىقىرىلدى.

11 - ئاينىڭ 3 - كۈنى «1998 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشىدىغان تۈرلەرنى مۇكاپاتلاش توغرىسىدا قارار» چىقىرىلدى.

12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى «جۇڭگو - قازاقىستان چېگرىسى ۋە جۇڭگو - روسىيە چېگرىسى (غەربىي بۆلىكى) نى دالىدا تەكشۈرۈش خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخسلەرنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەقدىرلەش توغرىسىدا قارار» چىقىرىلدى.

12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى «ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش توغرىسىدا قارار» چىقىرىلدى.

12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى «شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش توغرىسىدا قارار» چىقىرىلدى.

12 - ئاينىڭ 22 - كۈنى «جۇڭگو 99' كۈنمىڭ دۇنيا باغۋەنچىلىك كۆرگەزمىسىگە شىنجاڭدىن قاتناشقان ئىلغار ئورۇن ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش توغرىسىدا قارار» چىقىرىلدى.

ۋۇ لىجيې

## ئۇقتۇرۇشلار

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 1999 - يىلى چىقارغان ئۇقتۇرۇشلار (بىر قىسمى)

1 - ئاينىڭ 12 - كۈنى «‹شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قانۇنسىز ۋە جايلىشىشى نامۇۋاپىق كۆمۈر كانلىرىنى تاقاش لايىھەسى›نى بېسىپ تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى «‹گوۋۇيۈەننىڭ دۆلەت ئىقتىساد - سودا كومىتېتى بىلەن دۆلەت پىلان كومىتېتىنىڭ توك ئىشلىتىش ھوقۇقىنى سېتىۋېلىش قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرنى ئىجرا قىلىشنى توختىتىش توغرىسىدىكى

پىكىرىنى تارقاتقانلىق توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى تارقىتىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى «(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ جەرىمانە ئېلىش قارارىنى يولغا قويۇش ۋە جەرىمانە ئېلىش بىلەن تاپشۇرۇشنى ئايرىۋېتىش توغرىسىدىكى بىرقانچە بەلگىلىمىسى)نىڭ قىسمەن ماددا ـ تارماقلىرىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى «(ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى نىزامى)نى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى «(ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققى ئېلىش ـ تاپشۇرۇشنىڭ ۋاقىتلىق نىزامى)نى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

3 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى «(جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەربىي خىزمەت ئۆتەش قانۇنى)نى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش خىزمىتىنى ھەقىقىي رەۋىشتە ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى

4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى «شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىنى تەڭشەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى «(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەھەر ـ بازار ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ ئومۇمىي پىلانى (لايىھە))نى بېسىپ تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى «(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن تۆمۈر يول مىنىستىرلىكىنىڭ ئالاتاۋ ئېغىزى تۆمۈر يول پورتىنىڭ ئىمپورت ـ ئېكسپورت مىقدارىنى كېڭەيتىش توغرىسىدا نەق مەيداندا ئىش بېجىرىش يىغىنىنىڭ مۇھىم خاتىرىسى)نى بېسىپ تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى «گوۋۇيۈەننىڭ تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپلىرىدا كۆرۈلۈۋاتقان بىرقانچە گەۋدىلىك مەسىلىنى ھەل قىلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشىنى تارقىتىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى «ئاپتونوم رايون بويىچە 1998 ـ يىللىق ئاشلىق ـ پاختا ئىشلەپچىقىرىشىدىكى ئىلغار ئورۇنلارنى تەقدىرلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى «گوۋۇيۈەننىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەمۇرىي جەھەتتىن قايتا قاراپ چىقىش قانۇنى›نى ئىزچىللاشتۇرۇش، يولغا قويۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشىنى بېسىپ تارقىتىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

6 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەھەر ـ بازارلارنىڭ ئۆي تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە ئۆي قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» چىقىرىلدى.

8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى «ئاپتونوم رايوننىڭ مېھمانلار ئىشلىرىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى «كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتنىشىشىغا دائىر مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەمۇرىي جەھەتتىن مۇكاپاتلاش خىزمىتىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسىنى بېسىپ تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

1999 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى چىقارغان ئۇقتۇرۇشلار (بىر قىسمى)

1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى «ئاپتونوم رايون بويىچە 9 ـ نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىنى ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى «بىر قىسىم كارخانىلاردىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلارنىڭ پېنسىيە پۇلىنىڭ كېچىكتۈرۈلگەنلىكى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش يىغىنىنىڭ مۇھىم خاتىرىسىنى بېسىپ تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

1 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى «ئاپتونوم رايوننىڭ ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلارنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇش گۇرۇپپىسى ئەزالىرىنى تەڭشەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

1 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى «ئاپتونوم رايون بويىچە 9 ـ نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىغا تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتى قۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

2 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى «ساۋەن ناھىيىسىگە ئاپتونوم رايون بويىچە تەنھەرىكەتتە ئىلغار ناھىيە دەپ نام بېرىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

3 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى «گۈچۈڭ ناھىيىسى قاتارلىق 13 ناھىيە، شەھەرگە ‹9 يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ياشلار ـ قىرانلار ئارىسىدا ساۋاتسىزلىقنى ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىتىشتە لاياقەتلىك ناھىيە (شەھەر)› دەپ نام بېرىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى «1996 ـ يىلدىن 1998 ـ يىلغىچە

ئاپتونوم رايوندىكى شەھەرلەرنىڭ (تەڭرىتاغ لوڭقىسى)نى ئالمىشىش مۇناسىۋىتى، مۇنەۋۋەر (ئىلغار) بولغان شەھەرلەر (ناھىيە بازارلىرى)نى تەقدىرلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا يەر تەۋرىشتىن جىددىي مەلۇمات بېرىش دېلوسىنى بېسىپ تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

3 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى «گوۋۇيۈەن ئىشخانىسىنىڭ [1999] 10 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋە كارخانىلاردىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيەگە چىققان خادىملارنىڭ پېنسىيە پۇلىنى تارقىتىش خىزمىتىنى پەنىمۇ ياخشى ئىشلەشكە دائىر مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

3 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى «دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، مۇددەتتىن ئىلگىرى پېنسىيەگە چىققان خادىملارنى ئەستايىدىل ئېنىقلاش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى «ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرىنىڭ ئىش تەقسىماتى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى «(ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئومۇمىي يىغىنىنىڭ مۇھىم خاتىرىسى)نى بېسىپ تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى «(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تارىم ۋادىسى سۇ چىلىق كومىتېتىنىڭ نىزامنامىسى)نى ۋە (تارىم ۋادىسىدىكى سۇ ئىشلىتىدىغان ئورۇنلارنىڭ ئىشلىتىدىغان سۇ مىقدارىنىڭ نورمىسى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدىغان))نى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۆرگەزمىسى ۋە 99' جۇڭگو ئۈرۈمچى (خەلقئارا) كومپيۇتېر تېخنىكىسى ۋە يۇمشاق ـ قاتتىق دېتال مەھسۇلاتلار كۆرگەزمىسى ئېچىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى «ئاپتونوم رايونىنىڭ 1998 ـ يىلدىكى مۇنەۋۋەر تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى مۇكاپاتلاش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى «شىنجاڭنىڭ 1998 ـ يىلدىكى داڭلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئېلان قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى «(ئاپتونوم رايوننىڭ «211» قۇرۇلۇشى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى يىغىنىنىڭ مۇھىم خاتىرىسى)نى بېسىپ تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى «ئاپتونوم رايوننىڭ تەمىنات ـ سودا سىستېمىسىدىكى كارخانىلاردا ئىشلەپ كەلگەن دۆلەتنىڭ رەسمىي ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇپ تارقاقلاشتۇرۇش خىزمىتىنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى خىزمىتى دائىرىسىگە كىرگۈزۈش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى «گوۋۇيۈەننىڭ ئۇقتۇرۇشىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، كىچىك نېفىت ئايرىش زاۋۇتلىرىنى قەتئىي ئېنىقلاپ تەرتىپكە سېلىش ۋە نېفىت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئوبوروت تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

6 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى «كارخانىلاردىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيەگە چىققان خادىملارنىڭ پېنسىيە پۇلىنى 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە بېرىپ بولۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

6 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى «(شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى پىلانى)نى بېسىپ تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى «شىنجاڭدىن چىقىرىلىدىغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسىنى ئېلان قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان 4 ـ تۈركۈم نۇقتىلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورۇنلىرىنى ئېلان قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

7 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى «يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرگەن چوڭ تىپتىكى باشلامچى كارخانىلارنىڭ ۋە يەم ـ خەشەك، ئېچىتقۇ ـ هاراق ئىشلەپچىقىرىدىغان چوڭ كارخانىلارنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىشىغا دائىر ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى «ئاپتونوم رايوندا سانائەت ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش بويىچە بىرلەشمە يىغىن تۈزۈمىنى ئورنىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى «(ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ تۈزۈش ـ ئۆزگەرتىش لايىھەسى)نى بېسىپ تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى «ھەممە يېزا، ھەممە كەنتتە رادىئو - تېلېۋىزىيىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى «‹گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭىنىڭ ‹يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى قاتارلىق تارماقلارنىڭ دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىشكە دائىر خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى پىكرى›نى تەستىقلاپ تارقىتىش ۋە ئۇنى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكرى›نى بېسىپ تارقىتىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى «‹شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پاختا ئوبوروتى تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكرى›نى بېسىپ تارقىتىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى «تاشقورغان ناھىيىسىنى نۇقتىلىق يۆلەيدىغان ئورۇنلارنى كۆپەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

11 - ئاينىڭ 4 - كۈنى «ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى مۇئاۋىن باش كاتىپلىرىنىڭ ئىش تەقسىماتىنى بېسىپ تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى «ئاپتونوم رايوننىڭ مەخسۇس - قوشۇمچە مائارىپ مۇپەتتىشلىرى ۋە تەكلىپلىك مائارىپ مۇپەتتىشلىرىنى تەكلىپ قىلىپ تەيىنلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى «1999 - يىلى قىشتا ھەربىي سەپتىن چېكىندۈرۈلگەن ئەسكەرلەرنى قوبۇل قىلىش - ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى «‹شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا ھەمكارلىق فوند جەمئىيەتلىرىنى گېنسقلاپ تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى يولغا قويۇش چارىسى›نى بېسىپ تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ خىمىيىۋى ئوغۇت ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ھەققىدىكى يولغا قويۇش پىكرىنى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى «قابا قاتارلىق 12 ناھىيە، شەھەرگە ‹9 يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ياش - قىرانلار ئارىسىدا ساۋاتسىزلىقنى ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىتىشتە لاياقەتلىك بولغان ناھىيە (شەھەر)› دەپ نام بېرىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى «ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى مۇدىرى ۋە مۇئاۋىن مۇدىرلىرىنىڭ ئىش تەقسىماتى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى «‹ئاپتونوم رايوندىكى قىيىنچىلىقى ئېغىر دۆلەت كارخانىلىرىنى 1999 - يىللىق تەكشۈرۈش نەتىجىسىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش›نى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى «‹شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرۇلۇش تۈرلىرى قانۇنىي ئىگىلىرى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنىڭ ۋاقىتلىق چارىسى›نى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

ۋۇ لىجيې

## تەستىقلار

**ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 1999 - يىلى تارقاتقان تەستىقلار (بىر قىسمى)**

3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى «دۆلەتنىڭ نامرات رايونلىرىدىكى مەجبۇرىيەت مائارىپى قۇرۇلۇشىغا دائىر ئاساسىي مائارىپ قۇرۇلۇشى تۈرلىرىدىن ئېلىنىدىغان مۇناسىۋەتلىك باجلارنى كېمەيتىشكە، كەچۈرۈم قىلىشقا قوشۇلۇش توغرىسىدىكى تەستىق» بېسىپ تارقىتىلدى.

3 - ئاينىڭ 24 - كۈنى «دۆلەت تاشيولى 312 - لىنىيىسىنىڭ تۇرپاندىن پىچانغىچە بولغان بۆلىكىدە بېكەت قۇرۇپ ئاپتوموبىللاردىن قاتناش ھەققى ئېلىشقا قوشۇلۇش توغرىسىدىكى تەستىق» بېسىپ تارقىتىلدى.

4 - ئاينىڭ 16 - كۈنى «تارىم يېزا ئىگىلىكىنى ھەر تەرەپلىمە تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتى قۇرۇشقا قوشۇلۇش توغرىسىدىكى تەستىق» بېسىپ تارقىتىلدى.

4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى «ئاپتونوم رايونىمىزدا تاكسىلارنىڭ باج كونترول قىلغۇچ، باھا ھېسابلىغۇچ ئىشلىتىشىنى ئومۇملاشتۇرۇشىغا قوشۇلۇش توغرىسىدىكى تەستىق» بېسىپ تارقىتىلدى.

4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى «دۆلەت تاشيولى 312 - لىنىيىسىنىڭ شىڭشىڭشيادىن تۈگە قوتىنىغىچە بولغان بۆلىكىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىدا ‹قەرز پۇل ئېلىپ يول ياساش، قەرزنى ئېلىنغان ھەق بىلەن تۆلەش› چارىسىنى يولغا قويۇشقا قوشۇلۇش توغرىسىدىكى تەستىق» بېسىپ تارقىتىلدى.

5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى «شىنجاڭ دورىگەرلىك گۇرۇھى قۇرۇشقا قوشۇلۇش توغرىسىدىكى تەستىق» بېسىپ تارقىتىلدى.

6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى «ئۈرۈمچى ساي يولىدا ئاپتوموبىللاردىن قاتناش ھەققى ئېلىش توغرىسىدىكى تەستىق»

بېسىپ تارقىتىلدى.

6 - ئاينىڭ 14 - كۈنى «بىڭتۈەن خوتەن دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ كۆما - قاراقاش سۇ - تۇپراق تەرەققىيات رايونىغا يەر ئايرىپ بېرىش مەسىلىسى توغرىسىدىكى تەستىق» بېسىپ تارقىتىلدى.

7 - ئاينىڭ 19 - كۈنى «(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك نازارىتى) نىڭ نامىنى (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى) گە ئۆزگەرتىش توغرىسىدىكى تەستىق» بېسىپ تارقىتىلدى.

7 - ئاينىڭ 22 - كۈنى «ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ماي قاچىلاش پونكىتلىرى كەسپىدىن باج ئېلىشنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىشكە دائىر مەسىلىلەر توغرىسىدىكى تەستىق» بېسىپ تارقىتىلدى.

9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى «دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا باشلانغۇچ سەھىيە - ساقلىق ساقلاش قاتارلىق خىزمەتلەرنى يولغا قويۇشقا دائىر مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر توغرىسىدىكى تەستىق» بېسىپ تارقىتىلدى.

9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى «باغراش كۆلىنى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەشھۇر مەنزىرىلىك رايون قاتارىغا كىرگۈزۈشكە قوشۇلۇش توغرىسىدىكى تەستىق» بېسىپ تارقىتىلدى.

9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى «(سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى شەھەر، بازار ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ئاساسلىق داۋالىنىش سۇغۇرتىسى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش لايىھىسى) توغرىسىدىكى تەستىق» بېسىپ تارقىتىلدى.

9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى «(تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى شەھەر، بازار ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ئاساسلىق داۋالىنىش سۇغۇرتىسى تۈزۈمى ئىسلاھاتى لايىھىسى) توغرىسىدىكى تەستىق» بېسىپ تارقىتىلدى.

9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى «(بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى شەھەر، بازار ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ئاساسلىق داۋالىنىش سۇغۇرتىسى تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش چارىسى) توغرىسىدىكى تەستىق» بېسىپ تارقىتىلدى.

9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى «(قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى شەھەر، بازار ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ئاساسلىق داۋالىنىش سۇغۇرتىسى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش لايىھىسى) توغرىسىدىكى تەستىق» بېسىپ تارقىتىلدى.

9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى «(قەشقەر ۋىلايىتىدىكى شەھەر، بازار ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ئاساسلىق داۋالىنىش سۇغۇرتىسى ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش چارىسى) توغرىسىدىكى تەستىق» بېسىپ تارقىتىلدى.

9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى «(ئاقسۇ ۋىلايىتىدە ئاساسلىق داۋالىنىش سۇغۇرتىسى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش لايىھىسى) توغرىسىدىكى تەستىق» بېسىپ تارقىتىلدى.

9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى «قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى شەھەر، بازار ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ئاساسلىق داۋالىنىش سۇغۇرتىسى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش لايىھىسى) توغرىسىدىكى تەستىق» بېسىپ تارقىتىلدى.

9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى «ئالتاي ۋىلايىتىدىكى شەھەر، بازار ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ئاساسلىق داۋالىنىش سۇغۇرتىسى تۈزۈمى ئىسلاھاتى لايىھىسى) توغرىسىدىكى تەستىق» بېسىپ تارقىتىلدى.

9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى «(تۇرپان ۋىلايىتىدىكى شەھەر، بازار ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ئاساسلىق داۋالىنىش سۇغۇرتىسى تۈزۈمى ئىسلاھاتى لايىھىسى ۋە ئۇنىڭ تەپسىلىي پرىنسىپى توغرىسىدىكى ئىلتىماس) قا سېلىنغان تەستىق» بېسىپ تارقىتىلدى.

9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى «ئىلى ۋىلايىتىدىكى شەھەر، بازار ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ئاساسلىق داۋالىنىش سۇغۇرتىسى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش لايىھىسى) توغرىسىدىكى تەستىق» بېسىپ تارقىتىلدى.

10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى «بىر قىسىم تاشيول قاتنىشى نازارەتچىلىكى پونكىتلىرىنى كۆچۈرۈش ۋە كۆپەيتىپ قۇرۇش توغرىسىدىكى تەستىق» بېسىپ تارقىتىلدى.

10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى «دۆلەت تاشيولى 312 - لىنىيىسىنىڭ ئۈرۈمچىنىڭ غەربىدىكى چېگرىدىن ئۆتۈش بۆلىكىنى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ قۇرۇپ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش توغرىسىدىكى تەستىق» بېسىپ تارقىتىلدى.

11 - ئاينىڭ 4 - كۈنى «ئاپتونوم رايونلۇق ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى قۇرۇلۇش فوندى توغرىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرگە دائىر تەستىق» بېسىپ تارقىتىلدى.

11 - ئاينىڭ 29 - كۈنى «(ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى شەھەر - بازار ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ئاساسلىق داۋالىنىش سۇغۇرتىسى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش لايىھىسى) توغرىسىدىكى تەستىق» بېسىپ تارقىتىلدى.

11 - ئاينىڭ 29 - كۈنى «(ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر، بازارلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسلىق داۋالىنىش سۇغۇرتىسى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش لايىھىسى) توغرىسىدىكى تەستىق» بېسىپ تارقىتىلدى.

11 - ئاينىڭ 29 - كۈنى «(خوتەن ۋىلايىتىنىڭ داۋالىنىش سۇغۇرتىسى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش چارىسى) توغرىسىدىكى تەستىق» بېسىپ تارقىتىلدى.

11 - ئاينىڭ 29 - كۈنى «(بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى شەھەر، بازار ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ

ئاساسلىق داۋالىنىش سۇغۇرتىسى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش لايىھىسى〉 ۋە 〈بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى شەھەر، بازار ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ئاساسلىق داۋالىنىش سۇغۇرتىسى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇشنىڭ تەپسىلىي پرىنسىپى〉 توغرىسىدىكى تەستىق» بېسىپ تارقىتىلدى.

ۋۇ لىجيې

## تەستىقلاپ تارقىتىلغان دوكلاتلار

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 1999 - يىلى تەستىقلاپ تارقاتقان دوكلاتلار (بىر قىسمى):

3 - ئاينىڭ 30 - كۈنى «رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە نازارىتىنىڭ 〈شىنجاڭ بويىچە ئوتتۇرا، قىسقا دولقۇنلۇق رادىئو ئۇلاپ ئاڭلىتىش ئىستانسىلىرىدىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ھەققىدىكى دوكلاتى〉نى تەستىقلاپ تارقىتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى «مالىيە نازارىتى بىلەن دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ پاي چېكىنى بازارغا سالىدىغان شىركەتلەرنىڭ دۆلەت ئىلكىدىكى پاي ھوقۇقىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ۋە كارخانىلارنىڭ نۇقتىلىق تۈرلىرىدىكى تېخنىكا ئۆزگەرتىشنى مەبلەغ جەمئىيەتتىن پائال قوللاش ھەققىدىكى پىكرىنى تەستىقلاپ تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى «ئاپتونوم رايونلۇق يەر ئىدارىسىنىڭ دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ يەر مۈلكىنى جانلاندۇرۇشقا قارىتا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويۇش ھەققىدىكى پىكرىنى تەستىقلاپ تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى «قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ كىچىك شەھەر - بازارلارنىڭ قۇرۇلۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكرى» تەستىقلاپ تارقىتىلدى.

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى 1999 - يىلى تارقاتقان دوكلاتلار (بىر قىسمى)

1 - ئاينىڭ 24 - كۈنى «ئاپتونوم رايونلۇق بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ئىدارىسىنىڭ سېمونت سانائىتى قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ھەققىدىكى پىكرىنى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى «دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ پۈتۈن شىنجاڭدا تېرىلغۇ يەرنىڭ سۈلياۋ يوپۇق بىلەن بۇلغىنىش ئەھۋالى ۋە بۇلغىنىشنى تۈزەش تەدبىرلىرىنى كۈچەيتىش ھەققىدىكى پىكرىنى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى «ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ 〈ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ داۋاملىق تەربىيىسىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇش ۋە خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىلىرى قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكرىنى〉 تارقىتىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى «ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ 〈شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ياتاقلىق مەكتەپلەرنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى〉نى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى «قۇرۇلۇش نازارىتى، مالىيە نازارىتى ۋە باھا ئىدارىسىنىڭ شەھەر يوللىرىنى ئىگىلەش ھەققىنى يوللارنى قېزىش، رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئىشلىتىشنى باشقۇرۇش چارىسىنى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

4 - ئاينىڭ 13 - كۈنى «مالىيە نازارىتىنىڭ مالىيە ئوبوروتى مەبلىغىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ھەققىدىكى پىكرىنى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

4 - ئاينىڭ 16 - كۈنى «ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى بىلەن مالىيە نازارىتىنىڭ «635» قۇرۇلۇشىغا ۋە ئۇلۇغئاتا تۈگۈنلۈك سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا سېلىنىدىغان مەبلەغنى باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىش، ئۆتنە بېرىۋېتىش مەسىلىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدىكى پىكرىنى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

4 - ئاينىڭ 21 - كۈنى «سەھىيە نازارىتى قاتارلىق بەش تارماقنىڭ دۆلەتنىڭ تۆت مىنىستىرلىك، ئىدارىسىنىڭ 〈ئۇقتۇرۇش〉نى ئىزچىللاشتۇرۇپ، دورا بازىرىغا بولغان نازارەتچىلىك - باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ھەققىدىكى پىكرىنى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى «ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ 〈ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە مىللىي تىلدا ئىمتىھان بەرگەن ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىشتا ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيەدىن ئالغان يەككە نەتىجىلىرىنىڭ ئەلا تۆۋەن نومۇر چېكىنى بېكىتىش ۋە HSKنى ھازىرقى خەنزۇ تىلى ئىمتىھانىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش توغرىسىدىكى پىكرى〉نى تارقىتىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى «مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا كىنو فىلىمى تارقىتىش، قويۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكرى» ھەققىدە پىكىر تارقىتىلدى.

5 - ئاينىڭ 31 - كۈنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم

رايونىنىڭ 2000 - يىلدىكى سانائەت بۇلغىمىلىرىنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش خىزمىتىنىڭ لايىھىسى»نى تارقىتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى «خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ ئاپتونوم رايون يېزا - بازارلىرىدا ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەپ چېكىنگەنلەرنى ۋە كەسپ ئالماشتۇرغان پىدائىي ئەسكەرلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش ھەققىدىكى پىكىرنى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

6 - ئاينىڭ 23 - كۈنى «ئاپتونوم رايونلۇق باھا ئىدارىسى قاتارلىق ئۈچ تارماقنىڭ ئۆي - زېمىن باھاسىنى تەڭشەش خىزمىتىنى كۈچەيتىش، ئۆي قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش ھەققىدىكى پىكرىنى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى «سودا نازارىتىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدا چارۋا - قۇشلارنىڭ بوغۇزلىنىشىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى ھەققىدىكى دوكلاتىنى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى «سەھىيە نازارىتىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدا قان تەقدىم قىلىش قانۇنىنى يولغا قويۇشقا دائىر مەسىلىلەر ھەققىدىكى پىكرىنى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى «ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەت ئىدارىسى قاتارلىق تارماقلارنىڭ پاختا ئوبوروتىنىڭ يولى كېڭەيتىلگەندىن كېيىن، پاختا سېتىۋېلىپ پىششىقلاپ ئىشلەش تىجارىتى قىلىدىغان كارخانىلارنىڭ سالاھىيىتىنى ئېتىراپ قىلىشقا دائىر پىكىرلىرىنى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى «ج خ نازارىتىنىڭ گوۋۇيۈەننىڭ پۇقرالارنىڭ كىملىك نومۇرى تۈزۈمىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى قارارىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش ھەققىدىكى پىكرىنى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

10 - ئاينىڭ 28 - كۈنى «ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى بىلەن ئەدلىيە نازارىتىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تۈرمە سىستېمىسىغا قاراشلىق پەرزەنتلەر مەكتەپلىرىنى يەرلىك مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش ھەققىدىكى پىكرىنى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

10 - ئاينىڭ 28 - كۈنى «مالىيە نازارىتىنىڭ (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رايون دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ بۇيۇم سېتىۋېلىشىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى)نى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى «سەھىيە مىنىستىرلىكى قاتارلىق ئون تارماقنىڭ شەھەرلەردىكى مەھەللە ساقلىق ساقلاش مۇلازىمىتىنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى بىر قانچە پىكىرنى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى «ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد - سودا كومىتېتى قاتارلىق تارماقلارنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بازارلىرىنىڭ ئوبوروت تەرتىپىنى ئوڭشاش - قېلىپلاشتۇرۇش ھەققىدىكى پىكرىنى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى «ش ئۇ ئا ر مائاش ئىسلاھاتى ئىشخانىسى كادىرلار نازارىتى، مالىيە نازارىتىنىڭ ئاپتونوم رايونىنىڭ ئورگان، كەسپىي ئورۇنلاردا 1999 - يىلى مائاشنى ۋە دەم ئېلىش - پېنسىيە پۇلىنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش لايىھىسىنى تارقىتىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى «مالىيە نازارىتى، شتات كومىتېتى ئىشخانىسى، كادىرلار نازارىتى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم پېشقەدەم كادىرلار ئىدارىسىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدا مائاشنى مالىيەدىن بىر تۇتاش تارقىتىشنى يولغا قويۇش ھەققىدىكى پىكرىنى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

12 - ئاينىڭ 24 - كۈنى «ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى، مالىيە نازارىتى، سەھىيە نازارىتىنىڭ دۇنيا بانكىسى سەھىيە IX تۈرىگە يۆتكەپ بەرگەن قەرز پۇل، يانداش مەبلەغ شۇنىڭدەك قەرز قايتۇرۇش مەسىلىسى قاتارلىقلارغا ئالاقىدار ئىجرا قىلىنىدىغان ئىشلار ھەققىدىكى پىكرىنى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

ۋۇ لىجيې

## رەھبەرلەرنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە نەق مەيداندا ئىش بېجىرىش ئەھۋالى

1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت بىلەن مۇئاۋىن رەئىس جاڭ يۈنچۈەن ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسى، باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، تۈزۈلمە ئىسلاھاتى كومىتېتى، پىلان كومىتېتى، ئىقتىساد - سودا كومىتېتى، قۇرۇلۇش نازارىتى، دۆلەت بېجى ئىدارىسى قاتارلىق تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ شىنجاڭ 1 - ئاۋغۇست پولات - تۆمۈر چەكلىك شىركىتىگە بېرىپ، ئۇلاردىن ھال سورىدى ھەمدە شۇ يەردە ئىش بېجىردى. مۇئاۋىن رەئىس دەلىلقان مامىقان شۇجى ۋاڭ لېچۈەنگە ھەمراھ بولۇپ، مۇئاۋىن شۇجى ئەسقەت كەرىمباي، ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى چېن دېمىنلار بىلەن بىرلىكتە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ، ئۈرۈمچى نېفىت

خىمىيىسى ساناىتى باش زاۋۇتىغا بېرىپ ئىش بېجىردى ھەمدە 1 - سەپتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى يوقلىدى. مۇئاۋىن رەئىس غوپۇر ئابدۇللا ش ئۇ ئا ر ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى ئىدارىسى، غەربىي شىمال نېفىت - گېئولوگىيە ئىدارىسىنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ، مارالبېشى ناھىيىسىگە بېرىپ، مارالبېشى يېقىلغۇ گاز ئېلېكتر ئىستانسىنىڭ توك تارقىتىشنى باشلاش پائالىيىتىگە قاتناشتى ھەمدە شۇ يەردىكى كادىرلاردىن، ئاممىدىن ھال سورىدى.

1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى دەلىلقان مامىقان ئالاقىدار نازارەت، ئىدارىلەرنىڭ رەھبەرلىرىنى باشلاپ، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئاشلىق، ياغ مەھسۇلاتلىرى بىر نەچچە زەنجىرسىمان دۇكانلىرىنى ۋە شىنجاڭ بوستانلىق زاراڭزا چەكلىك شىركىتىنى كۆزدىن كەچۈردى ھەمدە بايرامدا ئىش ئورنىدىن ئايرىلماي ئىشلەۋاتقان ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرىدىن ھال سورىدى.

1 - ئاينىڭ 4 - كۈنى غوپۇر ئابدۇللا ئاپتونوم رايوندىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرىنى باشلاپ، بايىنغولىن ئوبلاستىدا ئىش بېجىردى، كورلا پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ سودا، ساناىەت، يېزا ئىگىلىكىنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەمدە ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى.

1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى غوپۇر ئابدۇللا قۇرۇلۇش نازارىتىدە ئىش بېجىردى.

1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى شىيۇڭ خۇيىسىن سانجى ئوبلاستىدا ئورمانچىلىق خىزمىتىنى ۋە ئورماندىكى چاشقان زىيانداشلىقىنى يوقىتىش خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈردى.

2 - ئاينىڭ 4 - كۈنى مۇئاۋىن رەئىس مەمتىمىن زاكىر شىنجاڭ «شىنخۇا» 3 - باسما زاۋۇتى، 1 - باسما زاۋۇتى ۋە «تەڭرىتاغ» كىنو ستۇدىيىسى قاتارلىق ئورۇنلارغا بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ھەمدە مېھىر-شەپقەت يەتكۈزۈش پائالىيىتى ئېلىپ باردى.

2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى جاڭ يۇنچۈەن مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرىنى باشلاپ ئۈرۈمچى كان ئىشلىرى ئىدارىسى، سانجى خىمىيەۋى ئوغۇت زاۋۇتى، شىنجاڭ 1 - ئاپتوموبىل زاۋۇتى قاتارلىق قىيىنچىلىقى ئېغىر كارخانىلارغا بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ جۇ ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ شىنجاڭ تاشقى سودا گىلەم زاۋۇتىغا بېرىپ مېھىر - شەپقەت يەتكۈزدى ھەمدە سۆھبەت ئۆتكۈزدى، قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسى ئۈستىدە ئىزدەندى.

2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى مۇئاۋىن رەئىس ئابدۇقادىر نەسرىدىن ش ئۇ ئا ر مېيىپلار بىرلەشمىسىنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ، مېيىپلار بىرلەشمىسى پاراۋانلىق كارخانىلىرىغا بېرىپ، قىيىنچىلىقى ئېغىر ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن ھال سورىدى.

2 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئابدۇقادىر نەسرىدىن خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ قارمىقىدىكى كارخانىلارغا بېرىپ ئىش بېجىردى ھەمدە پارتىيە ئەزالىرى، ئىشچىلار ۋەكىللىرىنى يىغىپ سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقىنى يەتكۈزدى.

2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئابدۇقادىر نەسرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرى دۆڭشەن رايونىغا بېرىپ، قىيىنچىلىقى ئېغىر مېيىپلاردىن ھال سورىدى.

2 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە مۇئاۋىن رەئىس ۋاڭ خۇەيىۋ مائارىپ كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرىنى باشلاپ، باي، شايار ناھىيىلىرىگە بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ھەمدە شۇ جايلارنىڭ مۇقىملىق خىزمىتى ۋە مائارىپ خىزمىتى ئۈستىدە تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

2 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت، جاڭ يۇنچۈەن، غوپۇر ئابدۇللا، ۋاڭ خۇەيىۋ، دەلىلقان مامىقان، شىيۇڭ خۇيىسىن، جاڭ جۇ، ئابدۇقادىر نەسرىدىن ش ئۇ ئا ر پارتكوم، شىنجاڭ ھەربىي رايونى، بىڭتۇەن رەھبەرلىرى بىلەن بىرلىكتە مۇئاۋىن ئۆلكە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان پېشقەدەم كادىرلارنى يوقلىدى.

2 - ئاينىڭ 25 - كۈنى غوپۇر ئابدۇللا ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە ساناىتى باش زاۋۇتى تېرمو ئېلېكتر ئىستانسىنىڭ سىرتقى ئېلېكتر تورىدا توكنىڭ تەۋرىنىشى تۈپەيلىدىن 3 - نومۇرلۇق گېنېراتورنىڭ توختىشى جەريانىدا ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئېغىر ھالدا زىيانغا ئۇچرىغانلىقىنى تەكشۈرۈپ كۆردى.

3 - ئاينىڭ 8 — 9 - كۈنىگىچە ئابدۇقادىر نەسرىدىن ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە كومىتېتىدا خىزمەت تەكشۈردى. ئۇ بۇ جەرياندا ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە كومىتېتى تەنتەربىيە مەشىقى 1 - چولڭ ئەترىتىنىڭ، تەنتەربىيە باشقۇرۇش مەركىزىنىڭ، لاتارىيە بېلەتى مەركىزىنىڭ، پۇتبولچىلار جەمئىيىتىنىڭ، ئالپىنىستلار باشقارمىسىنىڭ ۋە تەنتەربىيە مەكتىپىنىڭ خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى، تەنتەربىيە مەشىقى 2 - چولڭ ئەترىتىنىڭ، تەنتەربىيە مەشىقى 3 - چولڭ ئەترىتىنىڭ 9 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىغا تەييارلىق كۆرۈش ئەھۋالىنى تەكشۈردى، ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى ھەمدە تەنتەربىيە خىزمىتى ئۈستىدە مۇھىم يوليورۇق بەردى.

3 - ئاينىڭ 9 — 18 - كۈنىگىچە شىيۇڭ خۇيىسىن مۇناسىۋەتلىك نازارەت، ئىدارىلەرنىڭ رەھبەرلىرىنى باشلاپ، تۇرپان ۋىلايىتى، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە

ئارىغانتاي ۋىلايىتىدە ئەتىيازلىق تېرىلغۇنىڭ تەييارلىق ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى.

5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى جاڭ يۈنچۈەن بىلەن ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ يۈسەن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەتكە ھەمراھ بولۇپ، قەشقەر ۋىلايەتلىك پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنى ۋە قەشقەر شەھىرىنىڭ بىر قىسىم يېزىلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى ھەمدە قەشقەر ۋىلايىتىدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ئورۇنلىرىنىڭ شۇنىڭدەك بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 3 - شىسى رەھبەرلىرىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى.

5 - ئاينىڭ 6 - كۈنى جاڭ يۈنچۈەن قەشقەردە جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولىنىڭ پۈتۈش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئابدۇقادىر نەسرىدىن ئۈرۈمچى شەھەرلىك «تەڭرىتاغ» تۈرلۈك ماللار بىناسى، جۇڭغار سودا سارىيى، ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ئۈرۈمچى دوختۇرخانىسىدا دۇنيا بويىچە مېيىپلارغا ياردەم بېرىش كۈنى پائالىيەتلىرىگە قاتناشتى.

5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئابدۇقادىر نەسرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى خەلق مەيدانىدا مەملىكەتلىك مارافونچە يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى ۋە خەلقئارا مارافونچە يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

6 - ئاينىڭ 14 — 15 - كۈنلىرى ئابدۇقادىر نەسرىدىن قۇمۇلدا ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەرلەرنىڭ تىل - يېزىق خىزمىتى تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا قاتنىشىش جەريانىدا قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ بىرلىك سەپ، مىللەت - دىن، خەلق ئىشلىرى خىزمىتىنى تەكشۈردى ھەمدە ۋىلايەتتىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەرنى يىغىپ سۆھبەت ئۆتكۈزدى.

6 - ئاينىڭ 15 — 19 - كۈنىگىچە ۋاڭ خۇەيىۇ چاغانتوقاي، قوبۇقسار، جېمىنەي، قابا ناھىيىلىرىدە ئاساس مائارىپ ئەھۋالىنى تەكشۈردى ھەمدە مەجبۇرىيەت مائارىپى قۇرۇلۇشى تۈرلىرى تۇرغۇزۇلغان ناھىيىلەرنى تەكشۈردى.

6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى دەلىلقان ماسقان سودا نازارىتىدە ئىش بېجىردى ھەمدە سودا نازارىتىگە بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانىلارنىڭ ئىسلاھاتى توغرىسىدا سۆھبەت يىغىنى ئاچتى.

6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى مەمتىمىن زاكىر شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى 1 - دوختۇرخانىسىنىڭ ئامبۇلاتورىيە بىناسىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۆزدىن كەچۈردى.

7 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئابلەت ئابدۇرېشىت بىلەن مەمتىمىن زاكىر شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

7 - ئاينىڭ 6 - كۈنى غوپۇر ئابدۇللا ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ، شىنجاڭ تۇز كۆل خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىدا ئىش بېجىردى.

7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى غوپۇر ئابدۇللا ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ، شىنجاڭ 9 - ترانسپورت شىركىتىدە ئىش بېجىردى.

7 - ئاينىڭ 23 -، 24 - كۈنلىرى ئابدۇقادىر نەسرىدىن خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ مەسئۇلى قاتارلىقلارنى باشلاپ، خوتەن، پوسكام قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، شۇ يەردە تۇرۇشلۇق قىسىملارنىڭ كوماندىر - جەڭچىلىرىدىن ھال سورىدى.

7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئابدۇقادىر نەسرىدىن ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ، ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونىنىڭ خۇاشىرگۇ دېگەن يېرىگە بېرىپ ئىش بېجىردى، مىللىي زاراتكاھلىق يولىنى ياساش - رېمونت قىلىش مەسىلىسى ئۈستىدە شۇلار بىلەن مۇزاكىرىلەشتى.

8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى غوپۇر ئابدۇللا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرىنى باشلاپ، ئۈرۈمچىدىكى خۇڭيەنچى ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 2 - ئىستانسىدا ئىش بېجىردى.

8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئابدۇقادىر نەسرىدىن خېجىڭ، يەنجى ناھىيىلىرىدە سۇ ئاپىتىگە ئۇچرىغان جايلارنى كۆزدىن كەچۈردى ھەمدە شۇ جايلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆزىنى قۇتقۇزۇش، يۇرت - ماكانىنى قايتىدىن گۈللەندۈرۈش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى.

8 - ئاينىڭ 16 — 20 - كۈنىگىچە ۋاڭ خۇەيىۇ ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ كورلىغا بېرىپ، ئالتۇنتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش مەسىلىسى توغرىلىق شۇ يەردە ئىش بېجىردى ھەمدە خېجىڭ ناھىيىسىنىڭ مائارىپ خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈردى.

8 - ئاينىڭ 19 — 22 - كۈنىگىچە مەمتىمىن زاكىر دۆلەت كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەدكە ھەمراھ بولۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ خەلق ئىشلىرى خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈردى ھەمدە خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى فەن باۋجۇن باشچىلىقىدىكى گوۋۇيۈەن خىزمەت گۇرۇپپىسىغا ھەمراھ بولۇپ قەشقەر، قىزىلسۇدا يۈز بەرگەن سۇ ئاپىتىنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

8 - ئاينىڭ 19 — 25 - كۈنىگىچە غوپۇر ئابدۇللا دۆلەت ئىقتىساد - سودا كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى شى ۋەنپىڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن بىللە بايىنغولىن ئوبلاستى، مەركىزىي تارىم نېفىتلىكى، خوتەن، قەشقەر، ئۈرۈمچىلەردە توقۇمىچىلىق، نېفىتچىلىك قاتارلىق كەسىپلەرنى تەكشۈردى.

8 - ئاينىڭ 21 - كۈنى جاڭ يۈنچۈەن دۆلەت كومىسسارى

ئىسمائىل ئەھمەدكە ھەمراھ بولۇپ، سانجى شەھىرى بىلەن ساۋەن ناھىيىسىدە خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئابدۇقادىر نەسرىدىن دۆلەت كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەدكە ھەمراھ بولۇپ، خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى فەن باۋجۈن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن بىللە ش ئۇ ئا ر مىبىپلار بىرلەشمىسىنىڭ خىزمىتىنى ۋە بىڭتۈەننىڭ خەلق ئىشلىرى خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈردى.

8 - ئاينىڭ 24 — 29 - كۈنىگىچە جاڭ يۈنچۈەن قۇمۇلدا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئەمتىمىن زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق كۆتۈپخانىدا ئىش بېجىردى.

9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى مەمتىمىن زاكىر ئۈرۈمچى خەلق تىياتىرىنىڭ ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنى كۆزدىن كەچۈردى ھەمدە شۇ يەردە ئىش بېجىردى.

9 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە دەلىلقان مامىقان قىزىلسۇ بىلەن قەشقەردە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

9 - ئاينىڭ 24 - كۈنى مەمتىمىن زاكىر ش ئۇ ئا ر مۇزېيدا خىزمەت تەكشۈردى ۋە خىزمەتكە يېتەكچىلىك قىلدى.

9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ۋاڭ خۈيىۋ ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ، ئىلى ۋىلايىتىدە ئىش بېجىرىش يىغىنى ئاچتى ھەمدە توققۇزتارا، كۈنەس ناھىيىلىرىنىڭ مائارىپ خىزمىتىنى تەكشۈردى.

10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ۋاڭ خۈيىۋ مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ، ئۈرۈمچى شەھىرى ئاتموسفېراسىنىڭ بۇلغىنىشىنى تۈزەش خىزمىتىنى تەكشۈردى.

11 - ئاينىڭ 4 — 11 - كۈنىگىچە شيۇڭ خۈيىمن يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى ليۇ جيەنگە ھەمراھ بولۇپ، قەشقەر، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىگە بېرىپ، يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشكە دائىر مەسىلىلەرنى تەكشۈردى.

11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى مەمتىمىن زاكىر ش ئۇ ئا ر قىزىل كرېست جەمئىيىتى ئاپەتكە تەييارلىق كۆرۈش مەركىزىي قۇرۇلۇشىنىڭ ئېلىپ بېرىلىش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى ھەمدە شۇ يەردە ئىش بېجىرىش يىغىنى ئاچتى.

11 - ئاينىڭ 25 -، 26 - كۈنلىرى ئابدۇرېھىم ھاجى ئىمىن خەلق بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى مەركىزىي تارمىقى، قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى، جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى، سودا - سانائەت بانكىسىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى، يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى قاتارلىق پۇل مۇئامىلە ئورۇنلىرىغا بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

12 - ئاينىڭ 5 - كۈنى جاڭ يۈنچۈەن تۆمۈر يول مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى سەي چىڭخۇاغا ھەمراھ بولۇپ قەشقەرگە بېرىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولىدا يولىنى قاتناشقا قويۇشقا تەييارلىق بېغىشلاپ لېنتا كېسىش مۇراسىمغا تەييارلىق كۆرۈش خىزمىتىنى تەكشۈردى.

12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى مەمتىمىن زاكىر شىنجاڭ قىزىل كرېست جەمئىيىتىدە ئىش بېجىردى ھەمدە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاپەت رايونىغا توشۇلىدىغان دورا، كىيىم - كېچەكلەرنىڭ تەييارلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى غوپۇر ئابدۇللا بىلەن دەلىلقان مامىقان جۇڭگو ئاكسىيە نازارەتچىلىكى جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى گاۋ شىچىڭغا ھەمراھ بولۇپ، شىنجاڭ 1 - ئاۋغۇست پولات - تۆمۈر چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنى تەكشۈردى.

12 - ئاينىڭ 22 - كۈنى دەلىلقان مامىقان سانجى پاختا توقۇمىچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدە خىزمەت تەكشۈردى ھەمدە ۋۇۋسكا يوپۇقى ئېچىش مۇراسىمغا قاتناشتى.

12 - ئاينىڭ 23 - كۈنى دەلىلقان مامىقان شىنجاڭ جۇڭخې ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى غوپۇر ئابدۇللا شىنجاڭ بىناكارلىق - قۇرۇلۇش گۇرۇھىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ھەمدە گۇرۇھنىڭ ۋۇۋسكا يوپۇقى ئېچىش مۇراسىمغا قاتناشتى.

12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى غوپۇر ئابدۇللا تەڭرىتاغ يۇڭ توقۇمىچىلىق (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدە خىزمەت تەكشۈردى ھەمدە ۋۇۋسكا يوپۇقى ئېچىش مۇراسىمغا قاتناشتى.

شيې شۈەنئەن

ئىزاھ: ئابلەت ئابدۇرېشىت بىلەن جاڭ يۈەنچۈەننىڭ بىر قىسىم تەكشۈرۈش پائالىيەتلىرىنى «ش ئۇ ئا ر پارتكوم رەھبەرلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش پائالىيەتلىرى»دىن كۆرگەيسىز.

## ھۆكۈمەتنىڭ قانۇنچىلىق خىزمىتى

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى قانۇنچىلىق ئىدارىسى جەمئىي 15 پارچە قانۇن - نىزام ۋە ھۆكۈمەت نىزامىنىڭ لايىھىسىنى تەييارلىدى ۋە قاراپ چىقىپ تۈزىتىپ ئېلان قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قاراپ چىقىشى ئارقىلىق ئېلان قىلىنغان ھۆكۈمەت قائىدە - نىزامى 6. ئۇلار: «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تەنتەربىيە تىجارىتى پائالىيەتلىرىنى باشقۇرۇش چارىسى»،

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ خام چوت سىرتىدىكى مەبلەغلەرنى باشقۇرۇش چارىسى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ (دەپنە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى)نى يولغا قويۇشقا دائىر بىر قانچە بەلگىلىمىسى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قىزىل مىڭئۆيى تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىزنالىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش چارىسى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تۇرپان يارغول قەدىمىي شەھىرى تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىزنالىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش چارىسى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئالتۇنتاغ دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنى قوغداش - باشقۇرۇش چارىسى». ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى دائىمىي يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىپ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇلۇپ يولغا قويۇشقا جاكارلانغان يەرلىك قانۇن - نىزام 9. ئۇلار: «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش ۋە ئۇنى باشقۇرۇش نىزامى»، «(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ياشانغانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش نىزامى)غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارار»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ (جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ مەھسۇلاتقا ئايلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش)نى يولغا قويۇش چارىسى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەمگەكنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش نىزامى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ (جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يەر باشقۇرۇش قانۇنى)نى يولغا قويۇش چارىسى (تۈزىتىلمە)»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دېلوغا چېتىشلىق نەرسىلەرگە باھا قويۇش - ئۇلارنى باشقۇرۇش نىزامى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزىلاردىكى كوللېكتىپ ئىگىلىكنى ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىش نىزامى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ (جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئارخىپ قانۇنى)نى يولغا قويۇش چارىسى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تۇزچىلىقنى باشقۇرۇش نىزامى».

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قانۇنچىلىق ئىدارىسى ھۆكۈمەتنىڭ قانۇنچىلىق خىزمىتىدە، قانۇن چىقىرىش تۈرلىرى بويىچە دەلىللەش تۈزۈمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈردى. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ نەچچە 10 قېتىم دەلىللەش يىغىنى ئاچتى، ئالاقىدار نازارەت، ئىدارىلەردە ۋە بىر قىسىم ۋىلايەتلەردە قانۇن چىقىرىش تۈرلىرىگە دائىر 100دىن ئارتۇق تەكلىپنى ئاڭلىدى ۋە دەلىللىدى، بۇنىڭ بىلەن قانۇن چىقىرىش پىلانىنىڭ تۈزۈلۈشى ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە تېخىمۇ ئۇيغۇنلاشتۇرۇلدى، قانۇن چىقىرىش پىلانىنىڭ ئىلمىيلىكى، ئىشەنچلىك بولۇش دەرىجىسى ئۆستۈرۈلدى، قانۇن چىقىرىش پىلانىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشى ئىلگىرىكى يىللاردىكىدىن ياخشى بولدى. تۈزۈپ چىقىرىلغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تۇرپان يارغول قەدىمىي شەھىرى تارىخىي مەدەنىيەت ئىزنالىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش چارىسى» ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قىزىل مىڭئۆيى تارىخىي مەدەنىيەت ئىزنالىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش چارىسى» تارىخىي مەدەنىيەت ئىزنالىرىنى تېخىمۇ ئوبدان ساقلاپ ۋە مۇۋاپىق ئېچىپ ئىشلىتىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ ئىلگىرى سۈرۈلۈشىنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىن ئەتتى.

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى قانۇنچىلىق ئىدارىسى قانۇن چىقىرىشنىڭ سۈپەت ئۆتكىلىنى تۇتۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، بىر دەرىجىلىك كوللېكتىپ تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى ئىككى دەرىجىلىك تەكشۈرۈش تۈزۈمىگە ئۆزگەرتتى، يەنى ئىدارە يىغىنىدا قاراپ چىقىشتىن ئىلگىرى، قانۇن چىقىرىش كەسپىي باشقارمىسى يىغىنى ئېچىپ، كوللېكتىپ تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، ئىدارە يىغىنىنىڭ تەكشۈرۈشىگە سۇنىدىغان بولدى، بۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمەت دائىمىي يىغىنى قاراپ چىقىدىغان قانۇن چىقىرىش تۈرىنىڭ سۈپىتى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈلدى. 7 - ئايدا رەسمىي يولغا قويۇلغان «ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قانۇن چىقىرىشنى ماسلاشتۇرۇش تەرتىپى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى» قانۇنچىلىقنى ماسلاشتۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ قېلىپلىشىش، تۈزۈملىشىش يولىغا سالدى، قانۇن چىقىرىشنى ماسلاشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىلىشىغا، قانۇن چىقىرىش تەرتىپىنىڭ مۇكەممەللەشتۈرۈلۈشىگە، قانۇن چىقىرىش پائالىيىتىنىڭ قېلىپلاشتۇرۇلۇشىغا، قانۇن چىقىرىش سۈپىتىنىڭ ئۆستۈرۈلۈشىگە ئىجابىي تەسىر كۆرسەتتى.

جاڭ يۈخېي

## قانۇننىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى نازارەت قىلىش خىزمىتى

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 1999 - يىل 1 - ئايدا «مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش كىنىشكىسى» ۋە «قانۇننىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى نازارەت قىلىش كىنىشكىسى» (قىسقارتىلىپ «ئىككى كىنىشكا» دېيىلىدۇ)نىڭ 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئىبارەت رەسمىي ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىدىغان ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئورۇنلاردىن قانۇن ئىجرا قىلىش كىنىشكىسى ئېلىشقا

ئىلتىماس قىلغىنى 3140 بولۇپ، 50 مىڭ 770 كىشىگە كىنىشكا بېرىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايوننىڭ مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىدىغان مۇناسىۋەتلىك تارماق، ئاپپاراتلىرىدىن 41ى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى قانۇنچىلىق ئىدارىسىدىن قانۇن ئىجرا قىلىش كىنىشكىسى بېرىشنى تەلەپ قىلدى، تەكشۈرۈپ ئېتىراپ قىلىش ئارقىلىق 5198 كىشىگە مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش كىنىشكىسى بېرىلدى؛ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىدىغان مۇناسىۋەتلىك تارماق، ئاپپاراتىدىن 655ى مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش كىنىشكىسى ئېلىش ئۈچۈن مۇناسىپ نازارەت، ئىدارىلەرگە ئىلتىماس سۇندى، تەكشۈرۈپ ئېتىراپ قىلىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ 7806 ئادىمىگە مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش كىنىشكىسى بېرىلدى؛ ناھىيە (شەھەر، رايون) لەردىكى مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىدىغان ئالاقىدار تارماق، ئاپپاراتلاردىن 2444ى قانۇن ئىجرا قىلىش كىنىشكىسى ئېلىش ئۈچۈن مۇناسىپ نازارەت، ئىدارىلەرگە ئىلتىماس سۇندى. تەكشۈرۈپ ئېتىراپ قىلىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ 37 مىڭ 766 ئادىمىگە مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش كىنىشكىسى بېرىلدى. سەھىيە نازارىتى، ستاتىستىكا ئىدارىسى، يەرلىك باج ئىدارىسى، سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى، تاۋار تەكشۈرۈش ئىدارىسى، تاموژنا قاتارلىق قانۇن ئىجرا قىلغۇچى تارماقلارنىڭ گوۋۇيۈەننىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى تەرىپىدىن، قانۇنلار ۋە مەمۇرىي نىزاملاردىكى بەلگىلىمە بويىچە بېرىلگەن قانۇن ئىجرا قىلىش كىنىشكىسىنى ئىشلىتىش ئەھۋالى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 73 - نومۇرلۇق پەرمانىدىكى بەلگىلىمىگە بىنائەن خەلق ھۆكۈمىتى قانۇنچىلىق ئىدارىسىگە ئەنگە ئالدۇرۇلدى. ئەنگە ئالدۇرۇلغان ئومۇمىي ئادەم سانى 608.

29 - سانلىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنىنىڭ روھىغا بىنائەن، بىڭتۇەن تارماقلىرىنىڭ «ئىككى كىنىشكا» ئېلىشقا ئىلتىماس قىلىشىغا دائىر خىزمەتلەر ئىشلەندى ھەمدە بىڭتۇەننىڭ دېھقانچىلىق ئىدارىسى، يەر ئىدارىسى، مەدەنىيەت ئىدارىسى، ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئىدارىسىدىن ئىبارەت 4 ئورۇندا سىناق ئېلىپ بېرىلىپ، 83 كىشىگە «ئىككى كىنىشكا» بېرىلدى.

«ئىككى كىنىشكا»نى يىللىق تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى قانۇنچىلىق ئىدارىسى 3693 كىنىشكىنى ۋاقتىدا تەكشۈردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاساسىي قاتلاملاردىكى «ئىككى كىنىشكا»نى يىللىق تەكشۈرۈش خىزمىتىگە بولغان يېتەكچىلىكنى كۈچەيتتى، ئاساسىي قاتلاملارغا بېرىپ خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، «ئىككى كىنىشكا»نى تارقىتىش ۋە يىللىق تەكشۈرۈشنىڭ تەرتىپى ۋە تۈزۈمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈردى.

جاڭ يۈنمېي

## مەمۇرىي جەھەتتىن قايتا قاراپ چىقىش خىزمىتى

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى مەمۇرىي جەھەتتىن قايتا قاراپ چىقىلمىدىغان، ئەرز قىلىنغان دېلودىن 12نى تاپشۇرۇۋېلىپ، بۇنىڭدىن 4نى ئەرز تەرتىپى بويىچە بىر تەرەپ قىلدى. مەمۇرىي جەھەتتىن قايتا قاراپ چىقىش خىزمىتىنىڭ خۇسۇسىيىتى شۇنىڭدىن ئىبارەت بولدىكى، بىرىنچىدىن، مەمۇرىي جەھەتتىن قايتا قاراپ چىقىلىدىغان دېلولارنى ئىچكى جەھەتتىن كوللېكتىپ تەكشۈرۈش تۈزۈمى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇلدى؛ ئىككىنچىدىن، مەمۇرىي جەھەتتىن قايتا قاراپ چىقىلىپ چىقىرىلغان قارارنىڭ ئىجرا قىلىنىش سالمىقى كۈچەيتىلدى؛ ئۈچىنچىدىن، تارماقلارنىڭ قايتا قاراپ چىقىش خىزمىتىگە بولغان كونكرېت يېتەكچىلىك ۋە نازارەتچىلىك كۈچەيتىلدى.

5 - ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى قانۇنچىلىق ئىدارىسى «مەمۇرىي جەھەتتىن قايتا قاراپ چىقىش قانۇنى»نى يولغا قويۇشنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن «‹مەمۇرىي جەھەتتىن قايتا قاراپ چىقىش قانۇنى›نى ئەستايىدىل ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. گوۋۇيۈەن «‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەمۇرىي جەھەتتىن قايتا قاراپ چىقىش قانۇنى›نى ئىزچىل يولغا قويۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتقاندىن كېيىن، قانۇنچىلىق ئىدارىسى يەنە دەل ۋاقتىدا «مەمۇرىي جەھەتتىن قايتا قاراپ چىقىش قانۇنىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش تېزىسى»، «مەمۇرىي جەھەتتىن قايتا قاراپ چىقىش قانۇنى ھەققىدىكى بىلىمگە دائىر 100 سوئال»، «مەمۇرىي جەھەتتىن قايتا قاراپ چىقىشقا دائىر دېلو مىساللىرىدىن تاللانما» دېگەنگە ئوخشاش ماتېرىياللارنى دەل ۋاقتىدا تۈزۈپ چىقتى، نازارەت، ئىدارىلەردىن شۇنىڭدەك ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەردىن 28 كىشىنى گوۋۇيۈەن قانۇنچىلىق ئىشخانىسى ئاچقان «مەمۇرىي جەھەتتىن قايتا قاراپ چىقىش قانۇنى»نى ئۆگىنىش كۇرسىغا ئەۋەتتى. 9 -، 10 - ئايلاردا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى قانۇنچىلىق ئىدارىسى ئۈرۈمچى، قاراماي، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردا 3 قارار «مەمۇرىي جەھەتتىن قايتا قاراپ چىقىش قانۇنى»نى ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت، مەمۇرىي مەھكىمىلەرنىڭ شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ

خىزمەت ئارماقلىرىنىڭ قانۇنچىلىق ئاپپاراتلىرىدىكى مەسئۇل خادىملاردىن، مەمۇرىي جەھەتتىن قايتا قاراپ چىققۇچى خىزمەتچى خادىملاردىن بولۇپ 300گە يېقىن كىشىنى «مەمۇرىي جەھەتتىن قايتا قاراپ چىقىش قانۇنى»، «مەمۇرىي جازا قانۇنى»، «مەمۇرىي دەۋا قانۇنى»، «دۆلەتنىڭ تۆلەم قانۇنى» قاتارلىق قانۇنلار ئۈستىدە، شۇنىڭدەك «مەمۇرىي جەھەتتىن قايتا قاراپ چىقىشقا دائىر ئەمەلىي ئىشلار» ۋە ھۆكۈمەتنىڭ قانۇنچىلىق كەسپىگە دائىر خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى قاتارلىق مەزمۇنلار بويىچە تەربىيىگە ئىگە قىلدى.

بۇنىڭدىن باشقا، ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىرى بېجىرىشكە تاپشۇرغان قانۇنغا چېتىلىدىغان، 20 نەچچە دېلو ياكى ئىشنى ئۈستىگە ئالدى، قانۇنچىلىق كەسپىگە چېتىلىدىغان ماسلاشتۇرۇش يىغىنىغا 10 قېتىم رىياسەتچىلىك قىلدى، قاتناشتى.

جاڭ يۈخېي

## مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى، مەدەنىيەت - تارىخ تەتقىقات سارىيىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى

1. ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، مەسلىھەت بېرىش خىزمىتى

1) ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسىنىڭ مەسلىھەتچىلىرى، مەدەنىيەت تارىخ تەتقىقات سارىيىنىڭ ئەزالىرى «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات (پىكىر ئېلىش نۇسخىسى)»نى مۇزاكىرە قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى. ئۇلارنىڭ پىكىر - تەكلىپلىرىدىن 7 سى دوكلاتقا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ۋاقتىدا قوبۇل قىلىندى. ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 2 - يىغىنى ۋاقتىدا ھۆكۈمەتنىڭ مەسلىھەتچىلىرى ۋە مەدەنىيەت - تارىخ سارىيىنىڭ ئەزالىرى ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئۈستىدە ئونبدان پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى بەردى.

2) گوۋۇيۈەن مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى بىلەن بىرلىكتە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. 10 - ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى گوۋۇيۈەن مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى بىلەن بىرلىكتە 5 كىشىنى تەشكىللەپ، مەكىت، يوپۇرغا، يەكەن، ماناس ناھىيىلىرى ۋە تۇرپان ۋىلايىتى شۇنىڭدەك بىڭتۇەننىڭ يېزا ئىگىلىك 6 - شىسى قاتارلىق نۇقتىلىق پاختىچىلىق رايونلىرىغا ئەۋەتىپ كېۋەز ئۆستۈرۈش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە 12 كۈن تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

3) ھۆكۈمەتنىڭ مەسلىھەتچىلىرى ئاپتونوم رايوننىڭ مەركىزىي خىزمىتىنى چۆرىدىگەن ھالدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى. ھۆكۈمەتنىڭ مەسلىھەتچىلىرى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدىكى نۇقتىلىق مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، كەينى - كەينىدىن «شىنجاڭ نېفىت سانائىتىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشى توغرىسىدا مەسلىھەت»، «قاراماينى داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدا تەكلىپ»، «شىنجاڭنىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش توغرىسىدا تەكلىپ»، «شىنجاڭنى مەملىكىتىمىزنىڭ ئەلا سۈپەتلىك بۇغداي ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش توغرىسىدا تەكلىپ»، «ئوت - چۆپ تېرىشنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم قۇرۇلۇش قاتارىغا كىرگۈزۈش توغرىسىدا تەكلىپ» قاتارلىق تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ تەكلىپلەرنىڭ ھەممىسى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرىگە ۋە تارماقلىرىغا ئەۋەتىپ بېرىلدى. ئۇنىڭ بەزىلىرى ئاخبارات سۈپىتىدە ئېلان قىلىنىپ گېزىت - ژۇرناللاردا بېسىلدى.

2. مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋە تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقاتى

4 - ئاينىڭ 2 — 7 - كۈنىگىچە مەركىزىي مەدەنىيەت - تارىخ تەتقىقات سارىيى، ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت - تارىخ تەتقىقات سارىيى، شاڭخەي مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش فوندى جەمئىيىتى ۋە شاڭخەي گۈزەل سەنئەت سارىيى بىرلىكتە شاڭخەيدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى گۈزەل سەنئەت بۇيۇملىرى كۆرگەزمىسى ئاچتى. كۆرگەزمىگە 10 مىللەتنىڭ 50كە يېقىن رەسسامىنىڭ 100دىن ئارتۇق ھۆسنخەت ۋە رەسىمى قاتناشتۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە جۇڭگوچە رەسىم 35 پارچە، ماي بوياق رەسىم 44 پارچە، ھۆسنخەت 19 پارچە. بۇ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 50 يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايوننىڭ شاڭخەيدە تۇنجى قېتىم ئۆتكۈزگەن گۈزەل سەنئەت كۆرگەزمىسى. «ۋېنخۇيباۋ» گېزىتى، «ئازادلىق» گېزىتى قاتارلىق 10 نەچچە ئاخبارات ۋاستىسى بۇ كۆرگەزمىنى خەۋەر قىلدى.

6 - ئايدا، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى شاڭخەي مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش فوندى جەمئىيىتى بىلەن بىرلىكتە ئۈرۈمچىدە شاڭخەيلىك رەسسام يۈ شىنىڭ رەسىملىرى كۆرگەزمىسىنى ئاچتى، كۆرگەزمىگە 100دىن ئارتۇق رەسىم قويۇلدى.

1999 - يىلى «شىنجاڭ مەدەنىيەت تارىخى» (خەنزۇچە) نىڭ ماقالىلىرىنى يازدۇرۇش، تەھرىرلەش خىزمىتى پۈتتۈرۈلدى. ئۇنىڭغا 13 پارچە ماقالە كىرگۈزۈلدى، خەت سانى تەخمىنەن 60 مىڭ.

لى شەنشەن

## شىنجاڭ ھۆكۈمەت ئاخباراتى

«ھۆكۈمەت ئاخباراتى» — ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى، ئۇ ھۆكۈمەت پەرمانلىرىنى يەتكۈزۈش، سىياسەتنى تەشۋىق قىلىش، خىزمەتكە يېتەكچىلىك قىلىش، جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىش فۇنكسىيىسىنى ئادا قىلىدۇ. ئۇنىڭغا، ئاساسەن، دۆلەتنىڭ قانۇن - نىزاملىرى، يەرلىك نىزاملار، گوۋۇيۈەننىڭ ۋە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەتنىڭ مىنىستىرلىك - كومىتېتلىرىنىڭ، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھەر قايسى تارماقلىرىنىڭ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ شۇنىڭدەك بىڭتۇەننىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تارقىتىلىدىغان ھۆججەتلىرى بېسىلىدۇ. 1999 - يىل 8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى «شىنجاڭ ھۆكۈمەت ئاخباراتى» تەھرىر ھەيئىتى قۇرۇلۇپ، بۇ ھەيئەتنىڭ مەسلىھەتچىلىكىنى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ ۋېنيۆ ئۈستىگە ئالدى. 11 - ئايدا تەھرىر ھەيئىتىنىڭ 1 - قېتىملىق خىزمەت يىغىنى ئېچىلدى، يىغىندا جاڭ ۋېنيۆ قاتناشتى ھەمدە «ھۆكۈمەت ئاخباراتى»نىڭ خىزمىتىنى ئۈستىدىكى ئۈمىدىنى ۋە تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

سۇ گۇاڭفېڭ

## رايونلارغا ئايرىلىش ئەھۋالىدىكى ئۆزگىرىش

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن خەلق ئىشلىرى نازارىتى 1999 - يىلى 10 بازار (بۇنىڭ 9ى يېزىدىن بازارغا ئۆزگەرتىلگەن) ، 3 يېزا تەسىس قىلىشنى تەستىقلىدى.

1 - ئاينىڭ 24 - كۈنى فۇكاڭ شەھىرى چىڭگۈەن يېزىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، بازارغا ئۆزگەرتىلدى.

5 - ئاينىڭ 17 - كۈنى توقسۇ ناھىيىسىنىڭ تاشئېرىق يېزىسى 2 يېزىغا بۆلۈندى، بىرى تاشئېرىق يېزىسى بولدى، يەنە بىرى ئامتوغراق يېزىسى بولدى؛ توقسۇ ناھىيىسىنىڭ يۇلتۇزباغ يېزىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، بازارغا ئۆزگەرتىلدى؛ گۇچۇڭ ناھىيىسىنىڭ جىبكۇ يېزىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، بازارغا ئۆزگەرتىلدى؛ گۇچۇڭ ناھىيىسىنىڭ شىدى يېزىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، بازارغا ئۆزگەرتىلدى.

5 - ئاينىڭ 19 - كۈنى بورتالا شەھىرىنىڭ ئوتبۇلاق يېزىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، بازارغا ئۆزگەرتىلدى.

6 - ئاينىڭ 2 - كۈنى شىخەنزە شەھىرىنىڭ بېيچۈەن بازىرى تەسىس قىلىندى.

10 - ئاينىڭ 11 - كۈنى گۇچۇڭ ناھىيىسىنىڭ دۇڭگۈەن يېزىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، بازارغا ئۆزگەرتىلدى.

11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى يەنجى ناھىيىسىنىڭ يۇڭنىڭ يېزىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، بازارغا ئۆزگەرتىلدى.

11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى مورى ناھىيىسىنىڭ دۇڭچېڭ يېزىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، بازارغا ئۆزگەرتىلدى؛ كۈيتۇڭ شەھىرىدە كەيگەنچى يېزىسى تەسىس قىلىندى.

12 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ساۋەن ناھىيىسىنىڭ ليۇماۋۈەن يېزىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، بازارغا ئۆزگەرتىلدى؛ قۇتۇبى ناھىيىسىدە مايتاغ قازاق مىللىي يېزىسى تەسىس قىلىندى.

يى بىڭ

## مەھەللە مۇلازىمىتى

1999 - يىلى قاراماي شەھىرى، ئۈرۈمچى شەھىرى، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، ئىلى ۋىلايىتى، قەشقەر ۋىلايىتى، ئاقسۇ ۋىلايىتى قاتارلىق جايلارغا قاراشلىق بىر قىسىم شەھەر (رايون، ناھىيە) لەر مەھەللە مۇلازىمەتچىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنى خەلق ھۆكۈمىتى خىزمىتىنىڭ كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش، ئۆگىنىش ئۈچۈن ئىچكى جايلارغا ئادەم ئەۋەتىش ياكى مالىيە، ماددىي كۈچ ۋە ئادەم كۈچى ئاجرىتىپ، مەھەللە مۇلازىمەتچىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى تېخىمۇ يۇقىرى قاتلامدىن ئالغا سۈردى. 11 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكوم بىلەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى مەھەللە مۇلازىمىتى خىزمىتى يىغىنى ئاچتى. 11 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ش ئۇ ئا ر ئىش ئورنىدىن قالغانلارنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشخانىسى، خەلق ئىشلىرى نازارىتى، ئەمگەك نازارىتى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلار خىزمەت گۇرۇپپىسى ئويۇشتۇرۇپ، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مەھەللە مۇلازىمەتچىلىكىنىڭ رېئال ئەھۋالىنى تەكشۈردى. 10 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئۈرۈمچى شەھىرىدە مەھەللە مۇلازىمەت تور - نۇقتىسى 2090غا يەتتى، كەسپكارلار 10 مىڭ 180گە يەتتى، بىر تۈركۈم مەھەللە مۇلازىمىتى ئۆل ئەسلىھەلىرى يېڭىدىن بەرپا قىلىندى. ساقلانغان ئاساسلىق مەسىلە شۇنىڭدىن ئىبارەت بولدىكى، مەھەللە مۇلازىمەتچىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى يۆلەيدىغان يەرلىك سىياسەت كەم بولدى. خىزمەت گۇرۇپپىسى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىگە «مەھەللە مۇلازىمىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەققىدە پىكىر» سۇندى.

جيا دۇڭشېڭ

## مەھەللە قۇرۇلۇشى تەجرىبە رايونى

1999 - يىل 12 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشى ئارقىلىق، قاراماي شەھىرىنىڭ قاراماي رايونى دۆلەت دەرىجىلىك مەھەللە قۇرۇلۇشى تەجرىبە رايونى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

جيا دۇڭشېڭ

## ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ نۇۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى

1998 - يىل 12 - ئايدىن 1999 - يىل 6 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى شەھەر، بازارلار 4 - نۆۋەتلىك ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ نۇۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىنى ئۆتكۈزدى. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە 1464 ئاھالە كومىتېتى قانۇن بويىچە يېڭى ئاھالە كومىتېتى ئەزالىرىنى سايلاپ چىققان، بۇ ئاپتونوم رايون بويىچە ئاھالە كومىتېتى ئەزالىرى ئومۇمىي سانىنىڭ %77نى تەشكىل قىلىدۇ. يېڭى بىر نۆۋەتلىك ئاھالە كومىتېتلىرى ئەزالىرى ئىچىدە 40 ياشتىن تۆۋەنلەر 3216 بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ %5. 46نى تەشكىل قىلىدۇ؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىن يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە بولغانلار 6028 بولۇپ ئومۇمىي سانىنىڭ %87نى تەشكىل قىلىدۇ؛ كومپارتىيە ئەزاسى 2779 بولۇپ، %40نى تەشكىل قىلىدۇ؛ ھەرقايسى مىللەتلەردىن بولغان ئايال ئەزا 3809 بولۇپ، %55نى تەشكىل قىلىدۇ.

جيا دۇڭشېڭ

## كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى

1998 - يىل 12 - ئايدىن 1999 - يىل 6 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزىلىرىدا 4 - نۆۋەتلىك كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە 8882 كەنتتە نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى ئۆتكۈزۈلگەن، بۇ كەنت ئاھالە كومىتېتلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ %98نى تەشكىل قىلىدۇ. يېڭى بىر نۆۋەتلىك كەنت ئاھالە كومىتېتلىرى ئەزالىرى ئىچىدە 40 ياشتىن تۆۋەنلەر 24 مىڭ 521 بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ %9. 60نى تەشكىل قىلىدۇ؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىگە ئىگىلەر 28 مىڭ 381 بولۇپ، %5. 70نى تەشكىل قىلىدۇ؛ كومپارتىيە ئەزاسى 23 مىڭ 84 بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ %4. 57نى تەشكىل قىلىدۇ؛ ھەر مىللەت ئاياللىرى 8499.

جيا دۇڭشېڭ

## كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشى بويىچە ئۈلگىلىك ناھىيە

1999 - يىل 4 - ئاينىڭ بېشىدا خېنەن ئۆلكىسىنىڭ شۇچاڭ شەھىرىدە ئېچىلغان مەملىكەتلىك كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشى بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىدا يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن ماناس ناھىيىسى خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشى بويىچە ئۈلگىلىك ناھىيە» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

جيا دۇڭشېڭ

## يەر نامىلىرى خىزمىتى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون دائىرىسىدىكى دۆلەت تاشيولىنىڭ، ئاپتونوم رايون تاشيولىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى كەنت - بازارلاردا يەر نامى بەلگىلىرى ئورنىتىش خىزمىتىدە بەلگىلىك ئىلگىرىلەش بولدى. باھالاپ سىناشتۇرۇش ئارقىلىق، تۇرپان ۋىلايىتى، قاراماي شەھىرى، ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە ماناس ناھىيىسى دۆلەت تاشيولى، ئاپتونوم رايون تاشيولى بويلىرىدا بەلگە ئورنىتىش جەھەتتە مەملىكەتلىك ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالىنىپ، خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكى، قاتناش مىنىستىرلىكى، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكى، قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئارقىلىق تەقدىرلەندى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندا بىنالارنىڭ نامىنى ئېنىقلاش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. شىخەنزە شەھىرىگە، سانجى ئوبلاستىغا قاراشلىق بىر قىسىم ناھىيە، شەھەرلەر، ئاقسۇ ۋىلايىتىگە قاراشلىق بىر قىسىم ناھىيە، شەھەرلەر تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنداپ بولۇپ، ئۆلچەملىك نامنى ئىشلىتىش كىنىشكىسى ئېلىش ئالدىدا تۇرماقتا. ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە قانات يايدۇرۇلغان يەر نامىلىرىنى تولۇقلاپ تەكشۈرۈش ۋە ماتېرىيال يىغىش خىزمىتىدە 1999 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە 54 ناھىيە، شەھەرنىڭ خەرىتە، چۈشەندۈرۈش، دىئاگرامما، كارتوچكىدىن ئىبارەت 4 تۈرلۈك مۇۋەپپەقىيىتى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن تەكشۈرۈلۈپ، لاياقەتلىك بولۇپ چىقتى. دۆلەت تەرىپىدىن تارقىتىلغان ئۆلچەم بويىچە بازار، يېزىلارنىڭ يەر نامىلىرى بەلگە تاختىسىنى ئورنىتىش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلىپ، 1999 - يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، ئالدىنقى باسقۇچلۇق تەييارلىق خىزمىتىگە تۇتۇش قىلىندى. 2000 - يىلدىن باشلاپ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە يېرىدە قانات يايدۇرۇلىدۇ.

تۇردى ناسىر

## ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باشقا جايلاردا تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىلىرى

بېيجىڭ ئىش باشقارمىسى

مۇدىرى: لى شىلى

ئادرېسى: بېيجىڭ شەھىرى، خەيدىيەن رايونى سەنلىخې يولى 7 - نومۇر

پوچتا نومۇرى: 100044
تېلېفون نومۇرى: 68332266 (010)
فوتو تېلېگراف نومۇرى: 68313040 (010)
تېلېگرامما نومۇرى: 7465

**شاڭخەي ئىش باشقارمىسى**
مۇدىرى: جاڭ يىڭ
ئادرېسى: شاڭخەي شەھىرى چۇياڭ يولى 775 - نومۇر
پوچتا نومۇرى: 200437
تېلېفون نومۇرى: 65532387 (021)
فوتو تېلېگراف نومۇرى: 65541474 (021)
تېلېگرامما نومۇرى: 85705

**تيەنجىن ئىش باشقارمىسى**
مۇدىرى: جاڭ دېيىڭ
ئادرېسى: تيەنجىن شەھىرى نەنجىڭ كوچىسى 305 - نومۇر
پوچتا نومۇرى: 300052
تېلېفون نومۇرى: 27313707 (022)
فوتو تېلېگراف نومۇرى: 27313890 (022)

**شەنشى ئىش باشقارمىسى**
مۇدىرى: ليۇ لىرۇي
ئادرېسى: شىئەن شەھىرى دۇڭگۇەنجىڭ كوچىسى 129 - نومۇر 2 - بىنا 2 - ئىشىك 1 - نومۇر
پوچتا نومۇرى: 710048
تېلېفون نومۇرى: 2496600 (029)

**شېنجېن ئىش باشقارمىسى**
مۇدىرى: لى خوجۇ
ئادرېسى: شېنجېن شەھىرى ۋېنجىندۇ جۇڭشىڭ يولى ليەنجىڭ بىناسىنىڭ 7 - قەۋىتى
پوچتا نومۇرى: 518002
تېلېفون نومۇرى: 5104186 (0755)
فوتو تېلېگراف نومۇرى: 5104186 (0755)

**خەينەن ئىش باشقارمىسى**
مۇدىرى: ۋاڭ چيۇيۈن
ئادرېسى: خەيكو شەھىرى ئايرودروم شەرقىي يولى 8 - نومۇر خۇاشىن بىناسى 7 - قەۋەت
پوچتا نومۇرى: 570003
تېلېفون نومۇرى: 5351606 (0898)

**شەندۇڭ ئىش باشقارمىسى**
مۇدىرى: لۇ شيەنچى
ئادرېسى: جىنەن شەھىرى لىشيا رايونى دۇڭگۇەن كوچىسى چاڭشىڭ جەنۇبىي رايونى 39 - نومۇر سودا بىرلەشمىسى بىناسى
پوچتا نومۇرى: 250013
تېلېفون نومۇرى: 6980847 (0531)
فوتو تېلېگراف نومۇرى: 6980847 (0531)

**گۇاڭدۇڭ ئىش باشقارمىسى**
مۇدىرى: ياڭ جوجۈن
ئادرېسى: گۇاڭجۇ شەھىرى تيەنخې شىمالىي يولى 76 - نومۇر
پوچتا نومۇرى: 510075
تېلېفون نومۇرى: 87537082 (020)

## باشقا ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەرنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىلىرى

**سىچۈەن ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىسى**
مۇدىرى: ليۇ جاۋسەي
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىنمىن يولى 85 - نومۇر
تېلېفون نومۇرى: 2614110 2614062 (0991)
فوتو تېلېگراف نومۇرى: 2614112 (0991)

**گۇيجۇ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىسى**
مۇدىرى: ليۇ دېتۇڭ
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى غەربىي شىمال يولى 232 - نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830091
تېلېفون نومۇرى: 4838164 4832115 (0991)
فوتو تېلېگراف نومۇرى: 4832115 (0991)

**شەنشى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىسى**
مۇدىرى: جۇ سىمىڭ
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى بەشيۈلتۇز شىمالىي يولى 8 - نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830063
تېلېفون نومۇرى: 2633300 (0991)
باش ئاپپارات: 2621865
فوتو تېلېگراف: 2639034 (0991)

**جىياڭسۇ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىسى**
مۇدىرى: شېن جېنشۇي
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى نەنچاڭ يولى 11 - نومۇر جىيەنيىن ئاھالىلەر رايونى
پوچتا نومۇرى: 830091
تېلېفون نومۇرى: 4516020 (0991)

**گەنسۇ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدا**

تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىسى

مۇدىرى: لى شېڭيۇڭ

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي بېيجىڭ يولى 7 ـ نومۇر

پوچتا نومۇرى: 830011

تېلېفون نومۇرى: 3821311 3821375 (0991)

خېبېي ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىسى

مۇدىرى: شۈ گوۋېن

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي بەشيۈلتۈز يولى 14 ـ نومۇر

پوچتا نومۇرى: 830063

تېلېفون نومۇرى: 2645141 (0991)

فوتو تېلېگراف نومۇرى: 2617520 (0991)

سەنشى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىسى

مۇدىرى: تيەن كەي

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى غەربىي شىمال يولى 263 ـ نومۇر

پوچتا نومۇرى: 830002

تېلېفون نومۇرى: 4810909 4813342 (0991)

فوتو تېلېگراف نومۇرى: 4813342 (0991)

شەندۇڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىسى

مۇدىرى: سۈن يۈەنچۈەن

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىتتىپاق يولى 45 ـ نومۇر، ش ئۇ ئا ر تاشقى ئىقتىساد ـ سودا شىركىتىنىڭ بىناسىدا

پوچتا نومۇرى: 830001

تېلېفون نومۇرى: 2881129 (0991)

فوتو تېلېگراف نومۇرى: 2882219 (0991)

تيەنجىن شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىسى

مۇدىرى: سۈن فۇخەي

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ئوتتۇرا ئايلانما يول 198 ـ نومۇر خۇڭدا «بەخت باغچىسى» شەرقىي رايون 18 ـ كورپۇس

پوچتا نومۇرى: 830001

تېلېفون نومۇرى: 2690769 (0991)

فوتو تېلېگراف نومۇرى: 2690944 (0991)

چۇڭچىڭ شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىسى

مۇدىرى: لياۋ خۇەي

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ئالتاي يولى 30 ـ نومۇر

پوچتا نومۇرى: 830008

تېلېفون نومۇرى: 3836376 (0991)

فوتو تېلېگراف نومۇرى: 3836284 (0991)

شېنجېن شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىسى

مۇدىرى: جاڭ چۈەنلىڭ

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى يەكەنكۆل يولى 15 ـ نومۇر

پوچتا نومۇرى: 830063

تېلېفون نومۇرى: 4616927 (0991)

فوتو تېلېگراف نومۇرى: 4618043 (0991)

# جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى

## سىياسىي كېڭەش ش ئۇ ئا ر كومىتېتىنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى، باش كاتىپى، مۇئاۋىن باش كاتىپلىرىنىڭ ئىسىملىكى

رەئىس: جانابىل (قازاق).

مۇئاۋىن رەئىسلەر: ۋاڭ يۈسەن، ماۋ دېخۇا، لى دۇڭخۇي، يۈسۈپ ئەيسا، بېكمۇقەممەت مۇسا (قازاق)، شىې جىچياڭ، ۋاڭ خەنرۇ، جاڭ گۈيتىڭ (خۇيزۇ)، ھارۇنخان ھاجى، پاشائىشان، سېرجې (موڭغۇل)، ئابدۇرېھىم ھاجى ئىمىن، جۇ جېنجۇڭ.

باش كاتىپ: قاسىم ھىمىت.

مۇئاۋىن باش كاتىپلار: ۋاڭ جياگۇي، دەي دېچىن، روزى مامۇت، ئەنۋەر (قازاق).

## سىياسىي كېڭەش ش ئۇ ئا ر 8 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 2 ـ يىغىنى

بۇ يىغىن 1991 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 14 — 17 ـ كۈنلىرىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا 396 ئەزا قاتناشتى.

ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى جانابىل ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش 8 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ دائىمىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن خىزمەت دوكلاتى بەردى.

مۇئاۋىن رەئىس لى دۇڭخۇي 8 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 1 ـ يىغىنىدىن بۇيانقى تەكلىپ خىزمىتىنىڭ ئەھۋالىدىن دوكلات بەردى. يىغىن 8 ـ نۆۋەتلىك كومىتېت 2 ـ يىغىنىنىڭ

قارالسلىرىنى، سىياسىي دوكلاتنى ۋە دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ھەققىدىكى قارارنى قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى؛ تەكلىپ كومىتېتىنىڭ 8 - نۆۋەتلىك كومىتېت 2 - يىغىنىنىڭ تەكلىپلەرنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتنى قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى؛ ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلات ۋە پىلان، مالىيە خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلات، سوت مەھكىمىسىنىڭ، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى (پىكىر ئېلىش نۇسخىسى) ئۈستىدە كېڭەشتى ۋە مۇزاكىرە قىلدى.

يىغىن مەزگىلىدە 18 ئەزا چوڭ يىغىندا سۆز قىلدى ياكى يازما پىكىر بايان قىلدى. يىغىن جەمئىي 738 تەكلىپ تاپشۇرۇۋېلىپ، ئۇنىڭ 698ى ئۈستىدە رەسمىي دېلو تۇرغۇزدى.

ش ئۇ ئا ر پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ۋە بىڭتۇەننىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ئېچىلىش مۇراسىمىغا ۋە يېپىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى جانابىل يىغىننىڭ يېپىلىش مۇراسىمىدا مۇھىم سۆز قىلدى.

سۇن يەنلىڭ

## سىياسىي كېڭەش ش ئۇ ئا ر 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىغىنلىرى

سىياسىي كېڭەش ش ئۇ ئا ر 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ دائىمىي كومىتېتى 1999 - يىلى 5 - سانلىق يىغىندىن 7 - سانلىق يىغىنغىچە جەمئىي 3 قېتىم يىغىن ئاچتى.

5 - سانلىق يىغىن بۇ يىغىن 1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىن سىياسىي كېڭەش 8 - نۆۋەتلىك كومىتېت دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى، 8 - نۆۋەتلىك كومىتېت 2 - يىغىنىنىڭ سىياسىي قارارى (لايىھە) نى، تەكلىپ كومىتېتىنىڭ 8 - نۆۋەتلىك كومىتېت 2 - يىغىنىنىڭ تەكلىپلەرنى تەكشۈرۈش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى (لايىھە) نى قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى. يىغىنغا ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى جانابىل رىياسەتچىلىك قىلدى.

6 - سانلىق يىغىن بۇ يىغىن 5 - ئاينىڭ 25 — 27 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىن ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى ئاسراشنى كۈچەيتىشكە، سىجىل تەرەققىياتنى ئىلگىرىلىتىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشقا دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدىكى تەكلىپ» نى قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى، «جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى مەخسۇس كومىتېتلىرىنىڭ ئومۇمىي قائىدىسى» نى تۈزىتىپ، قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى. يىغىن يەنە باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاش توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىنى ۋە باشقا مۇھىم ھۆججەتلەرنى يەتكۈزدى. يىغىنغا رەئىس جانابىل رىياسەتچىلىك قىلدى ھەمدە سۆز قىلدى.

7 - سانلىق يىغىن بۇ يىغىن 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى غوپۇر ئابدۇللانىڭ كارخانا ئىسلاھاتىنىڭ ۋە تەرەققىياتىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، ج ك پ 15 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېت دائىمىي كومىتېتى 7 - يىغىنىنىڭ ۋە ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 6 - ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى ھەمدە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىغا دائىر مەسىلىلەرنى چۆرىدىگەن ھالدا كېڭىشىش ۋە مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلدى، بەزى پىكىر ۋە تەكلىپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. پىكىرلىشىش، كېڭىشىش ئارقىلىق چاۋ شۇمىڭنى سىياسىي كېڭەش خوتەن ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلەش، لى جيەنشىننى سىياسىي كېڭەش خوتەن ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىدىن قالدۇرۇش، لىن شىچۈننى سىياسىي كېڭەش قۇمۇل ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىدىن قالدۇرۇش قارار قىلىندى. يىغىن ئاياغلاشقاندا جانابىل سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋە سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن ئەقىل كۆرسىتىشى ۋە كۈچ چىقىرىشى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر توغرىسىدا سۆز قىلدى.

سۇن يەنلىڭ

## تەكلىپلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئەھۋالى

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش تەكلىپ كومىتېتى جەمئىي 736 تەكلىپ تاپشۇرۇۋالدى، بۇنىڭ 30ى پارتىيە - گۇرۇھلار، ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ تەكلىپى. تەكلىپ كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈشى ئارقىلىق، ئۇنىڭ 698ى ئۈستىدە رەسمىي دېلو تۇرغۇزۇلدى. 38ى مۇناسىۋەتلىك گۇرۇپلارغا پايدىلىنىش ئۈچۈن ئەۋەتىپ بېرىلدى. رەسمىي دېلو تۇرغۇزۇلغان تەكلىپلەر ئىچىدە، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ساھەسىگە دائىرى 272، بىرلىك سەپ، سىياسەت، قانۇن -

نىزام، ئاممىنىڭ تۇرمۇشى قاتارلىق ساھەلەرگە دائىرى 244، پەن - مائارىپ، مەدەنىيەت، ساقلىق ساقلاش، تەنتەربىيە ساھەلىرىگە دائىرى 182. بۇ تەكلىپلەر رەتلىنىپ، 83 بېجىرگۈچى ئورۇنغا مۇھاكىمە قىلىپ بېجىرىش ئۈچۈن ئەۋەتىپ بېرىلدى. 1999 - يىل 12 - ئايغىچە 669 تەكلىپنىڭ بېجىرىلىپ بولغانلىقى توغرىلىق جاۋاب كەلدى، بۇ ئومۇمىي تەكلىپنىڭ 95.85%نى تەشكىل قىلىدۇ. بېجىرىلىپ جاۋاب قايتۇرۇلغان تەكلىپلەر ئىچىدە پىكىر ياكى تەۋسىيەلەر قوبۇل قىلىنىپ ياكى خىزمەت پىلانىغا كىرگۈزۈلۈپ ھەل قىلىنماقچى بولغىنى 402 بولۇپ، بېجىرىلىپ جاۋاب قايتۇرۇلغان تەكلىپ ئومۇمىي سانىنىڭ 60.09%نى تەشكىل قىلىدۇ؛ شارائىتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، كېيىنرەك ھەل قىلىنماقچى بولغان ھەمدە ئىزاھات بېرىلگەن تەكلىپ 245 بولۇپ، 36.62%نى تەشكىل قىلىدۇ؛ ھازىرغىچە ھەل قىلىنماي، خىزمەتتە پايدىلىنىشقا قالدۇرۇلغىنى 22 بولۇپ، بېجىرىلىپ جاۋاب قايتۇرۇلغان ئومۇمىي تەكلىپ سانىنىڭ 3.29%نى تەشكىل قىلىدۇ.

جاڭ شياۋدۇڭ

## ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش رەھبەرلىرىنىڭ ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيەلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئەھۋالى

1999 - يىل 5 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ خەنرۇ، ئابدۇرېھىم ھاجى ئىمىن ئاممىۋى تەشكىلاتلاردىكى ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن، مۇھاجىرلار ئالاقە باغلاش كومىتېتىدىكى بىر قىسىم ئەزالارنى باشلاپ، شىنجاڭ «دېلۇڭ» گۇرۇھى قۇتۇبى ماشىنىلاشتۇرۇش بويىچە ئۈلگە دېھقانچىلىق مەيدانىغا بېرىپ، سۇ تېجەيدىغان دېھقانچىلىقنى ۋە دېھقانچىلىقتىكى يۇقىرى تېخنىكىلىق مەشغۇلات ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى.

7 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى جانابىل كۆكتوقاي، قابا، ئالتاي، چىڭگىل قاتارلىق ناھىيە (شەھەر) لەردە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى.

8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ۋاڭ خەنرۇ ئاممىۋى تەشكىلاتلاردىكى ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن، مۇھاجىرلار ئالاقە باغلاش كومىتېتىدىكى بىر قىسىم ئەزالارنى باشلاپ مورى ناھىيىسىدىكى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھات ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى.

11 - ئاينىڭ 23 — 25 - كۈنىگىچە سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يۈسۈپ ئەيسا ئىقتىساد، پەن - تېخنىكا - مۇھىت ئاسراش كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىنى باشلاپ، شىنجاڭ ماشىنىسازلىق تەتقىقات ئاكادېمىيىسى، شىنجاڭ بىناكارلىق ئىلمى تەتقىقات ئاكادېمىيىسى، شىنجاڭ دېھقانچىلىق ئاكادېمىيىسى قاتارلىق 7 پەن تەتقىقات ئورنىغا بېرىپ، پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

سۇن يەنلىڭ

## «ئومۇمىي خەلق ساغلاملىقى پروگراممىسى»نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى ئۈستىدىكى تەكشۈرۈش

1999 - يىل 5 - ئاينىڭ 4 — 7 - كۈنىگىچە، سىياسىي كېڭەش مائارىپ - مەدەنىيەت - سەھىيە - تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىدىن ۋە ش ئۇ ئا ر مائارىپ كومىتېتى، تەنتەربىيە كومىتېتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئورۇنلاردىن تەركىب تاپقان بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تولى ناھىيىسىنىڭ «ئومۇمىي خەلق ساغلاملىقى پىلانى پروگراممىسى»نى يولغا قويۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى ھەمدە بۇ ھەقتە تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويدى:

1. ئومۇمىي خەلق ساغلاملىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا كۆتۈرۈپ تۇرۇش، يۆلىنىۋېلىش، تەمە قىلىش ئىدىيىسىنى تۈگىتىپ، سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقنى جارى قىلدۇرۇپ، پائال شارائىت يارىتىپ، ھەر جاينىڭ شارائىتىغا يارىشا ئىش كۆرۈش كېرەك. 2. «ئومۇمىي خەلق ساغلاملىقى پىلانى پروگراممىسى»نى تەشۋىق قىلىشنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئاممىنىڭ تەنتەربىيە ئېڭىنى كۈچەيتىش كېرەك. 3. ناھىيە دەرىجىلىك مەدەنىيەت، تەنتەربىيە ئىدارىلىرى فۇنكسىيىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىلمىيلاشقان، قېلىپلاشقان باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش كېرەك. ھەرخىل مۇسابىقىلەرنى ئوبدان ئۇيۇشتۇرۇپلا قالماي، بەلكى ئىجتىمائىي تەنتەربىيىگە بولغان يېتەكچىلىكنى ۋە چوڭلارنىڭ بەدەن سۈپىتىنى ئۆلچەش خىزمىتىنىڭ تەييارلىقىنى ياخشى ئىشلەش لازىم. 4. ھازىرقى تەنتەربىيە مەيدانلىرى ئەسلىھەلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. 5. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تەنتەربىيە كومىتېتى بىلەن مائارىپ كومىتېتىغا تولى ناھىيىسىگە تېگىشلىك دەرىجىدە مەدەت بېرىپ، مەيدان ئەسلىھەلىرى قوپال، ئاددىي بولۇش، تەنتەربىيە ئەسۋابلىرى بەك كەمچىل بولۇشتەك ئەھۋالنى ئۆزگەرتىشنى تاپىلىسا.

سۇن يەنلىڭ

## شەھەر، بازارلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى تۈزۈمى ئىسلاھاتى سىنىقىنىڭ ئەھۋالى ئۈستىدىكى تەكشۈرۈش

1999 - يىل 5 - ئاينىڭ 17 — 21 - كۈنىگىچە سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى پاشائىشان سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرىنى، سىياسىي

كېڭەشنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرىنى باشلاپ، سانجى ئوبلاستى بىلەن تۇرپان ۋىلايىتىدە شەھەر، بازارلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ سىناق قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى ھەمدە مۇنداق تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى:

1. ھۆكۈمەت نۇقتىلىق دوختۇرخانىلار بىلەن مەھەللىلەرنىڭ ساقلىق ساقلاش مۇلازىمىتىنى بىرلەشتۈرۈش خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئامىمىنىڭ كېسەل كۆرسىتىشى تەس بولۇش مەسىلىسىنى تۈپتىن ھەل قىلسا. 2. «بىمارلارنى مەركەز قىلىش»تىن ئىبارەت پەرۋىش مېخانىزمى ۋە قېلىپلاشقان تۈزۈم ئورنىتىلسا. نۇقتىلىق دوختۇرخانىلار سۈپىتى ياخشى، تەننەرخى تۆۋەن، قولايلىق، قېلىپلاشقان مۇلازىمەتنى بەرپا قىلىشى، تېخنىكىلىق ئۈسكۈنىلەرنى كۆپەيتىپ، ئاساسىي باشقۇرۇشنى، سۈپەت باشقۇرۇشنى، ئىختىساسلىق خادىملارنى باشقۇرۇشنى ۋە ئۈنۈمنى باشقۇرۇشنى چىڭ تۇتۇشى، كەسپىي تېخنىكا ۋەزىيىتىنى باھالاش بىلەن تەكلىپ قىلىشنى ئايرىۋېتىشى، ئەمگەككە، ئۈنۈمگە قاراپ تەقسىم قىلىش پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، تەقسىماتنى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ئورنى، تېخنىكىسى، تۆھپىسى، ئىش ئۈنۈمى، مۇلازىمەت پوزىتسىيىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئاكتىپلىقنى قوزغاپ، بىمارلار ئۈچۈن تېخىمۇ ئوبدان خىزمەت قىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ پاراۋانلىق سىياسىتىنى گەۋدىلەندۈرۈشى كېرەك. 3. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى داۋالاش - ساقلىق ساقلاش ئاپپاراتلىرىغا تولدۇرما بېرىش مېخانىزمىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىقتىدارىنى كۈچەيتسە، ھۆكۈمەتنىڭ داۋالاش ئاپپاراتلىرى پايدا ئالمايدىغان ئىجتىمائىي جامائەت پاراۋانلىقى كەسپىگە مەنسۇپ دوختۇرخانىلارنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشى ۋە داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋېلىش، رېمونت قىلىشنى تەڭ دەرىجىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش پىلانىغا، خام چوتىغا ۋە بىر تۇتاش غەملەش پىلانىغا كىرگۈزۈپ، ئۇنى باشلىنىش ئالدىدا تۇرغان ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى تۈزۈمى ئىسلاھاتىغا ماسلىشالايدىغان قىلىش كېرەك. 4. بىر تۇتاش غەملىنىدىغان فوندنىڭ نىسبىتىنىڭ ئاجرىتىلىشىنى ياخشىلاشقا توغرا كېلىدۇ. 5. ياش باسقۇچىنى ئايرىش جەھەتتە يەنە بىر باسقۇچ قوشۇلسا، يەنى ئەرلەر 45 ياشتىن 59 ياشقىچە بىر باسقۇچقا ئايرىلسا، 60 ياشتىن ئاشقانلار بىر باسقۇچقا ئايرىلسا، ئاياللار 45 ياشتىن 54 ياشقىچە بىر باسقۇچقا ئايرىلسا، 55 ياشتىن ئاشقانلار بىر باسقۇچقا ئايرىلسا. 6. باشقا جايدا تۇرۇپ پېنسىيىگە چىققانلارنىڭ، ئەما، گاس - گاچىلارنىڭ، خىزمەت ئۈستىدە مېيىپ بولغانلارنىڭ، ئادالەت يولىدا قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ جاراھەتلەنگەن (مېيىپ بولغان) لارنىڭ داۋالىنىش مەسىلىسى، كېسەل كۆرسىتىش رەسمىيىتى توغرىسىدا شۇنىڭدەك سوزۇلما كېسەللىك، ياشانغانلار كېسەللىكىگە بېرىلىدىغان دورىنىڭ مىقدارى توغرىسىدا ئاپتونوم رايوننىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرگەن ھالدا ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىلىپ، داۋالاش ئاپپاراتلىرى رىئايە قىلىدىغان قائىدە - نىزامغا ئىگە قىلىنسا.

سۇن يەنلىڭ

## ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسراشنى كۈچەيتىپ، ئىقتىسادنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ سىجىل تەرەققىياتىنى ئىلگىرىلىتىشكە دائىر بىرنەچچە مەسىلە ھەققىدىكى تەكلىپ

1999 - يىل 5 - ئاينىڭ 25 — 27 - كۈنىگىچە ئېچىلغان ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 6 - يىغىنىدا ئاپتونوم رايوننىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداشنى كۈچەيتىپ، ئىقتىساد ۋە جەمئىيەتنىڭ سىجىل تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش مەسىلىسى ئۈستىدە كەڭ، چوڭقۇر مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلىپ، تەكلىپ لايىھىسى شەكىللەندۈرۈلدى. ئاساسلىق تەكلىپلەر تۆۋەندىكىچە:

1. مۇھىت ئاسراش خىزمىتىگە سىجىل تەرەققىيات يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ ئەھمىيەت بېرىش. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسراشنى مۇھىم كۈنتەرتىپكە قويۇپ، مۇھىت ئاسراش تەربىيىسىنى ئۇزاققىچە ئېلىپ بېرىشى، ھەرخىل تىپتىكى كادىرلار كۇرسلىرىدا ۋە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ تەربىيىسىدە مۇھىت ئاسراشنى ئۆگىنىشنىڭ مەزمۇنىغا كىرگۈزۈشى كېرەك. 2. چەكلەش مېخانىزمى ئورنىتىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ، بولۇپمۇ رەھبەرلەرنىڭ تەدبىر بەلگىلەش ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش كېرەك. بىرىنچىدىن، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسراشنى ئاپتونوم رايوننىڭ ماكرولۇق ئىقتىسادنىڭ تەدبىرلىرىنى بەلگىلەش سىستېمىسىغا كىرگۈزۈش كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، تۈر بەلگىلەشتە مۇھىت ئاسراشنى باھالاش - تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك؛ ئۈچىنچىدىن، سىستېمىلار بىلەن رايونلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئوبدان ھەل قىلىپ، «رايون»نى ئاساس قىلىدىغان مۇھىت ئاسراشنى باشقۇرۇش ۋە تەدبىر بەلگىلەش تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىش كېرەك. 3. پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىغا تايىنىپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسراش جەھەتتىكى پەن تەتقىقاتىنىڭ ۋە پەن تەتقىقاتى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇشنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك

ھۆكۈمەتلەر مۇھىت ئاسراش جەھەتتىكى پەن تەتقىقاتىنى مەبلىغىنى مۇۋاپىق ھالدا كۆپەيتىشى كېرەك. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاساسلىق ئالىي مەكتەپلەر ئەھۋالغا قاراپ، مۇھىت ئاسراش كەسپىنى كۆپەيتىپ، مۇھىت ئاسراش جەھەتتىكى پەن تەتقىقاتى ۋە مۇھىت ئاسراش كەسپى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلىشى كېرەك. مۇھىت ئاسراش جەھەتتىكى ئىلغار، ئەمەلىي تېخنىكىلارنى كىرگۈزۈش ۋە كېڭەيتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، مۇھىت ئاسراش جەھەتتىكى پەن تەتقىقاتى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تەتبىق قىلىپ ئۈلگە كۆرسەتكەن بىر تۈركۈم بازىلارنى بەرپا قىلىش، شۇنداق قىلىپ، پەن تەتقىقاتى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ كەسپلەشتۈرۈلۈشىنى ئۈنۈملۈك ئىلگىرىلىتىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى نازارەت قىلىپ ئۆلچەش ۋە ھەر تەرەپلىمە ئوڭشاش ئىشىنى پەيدىنپەي زامانىۋىلىشىش، كەسپلىشىش يولىغا سېلىش كېرەك. مۇھىت ئاسراش جەھەتتىكى پەن تەتقىقاتى ئۆتكۈلىگە ھۇجۇم قىلىش ئىشىنى پائال ئويۇشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەھەتتىكى ئۇزاق مۇددەتلىك، ئوتتۇرا مۇددەتلىك پىلانىنى تۈزۈپ چىقىشنى ئىلمىي تەدبىر بەلگىلەش ئاساسى بىلەن تەمىن ئېتىش كېرەك. 4. ئاپتونوم رايون مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونوم جايلارنىڭ مۇھىت ئاسراش نىزاملىرىنى تۈزۈپ چىقىش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇھىم نۇقتىنى قانۇننى ئىجرا قىلىشنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇشقا قارىتىشى كېرەك. ئەدلىيە تارماقلىرى ۋە مۇھىت ئاسراشقا ئائىت قانۇنلارنى ئىجرا قىلىدىغان تارماقلار مۇھىتنى بۇلغىغان ۋە مۇھىتقا بۇزغۇنچىلىق قىلغان جىنايى قىلمىشلارغا قاتتىق زەربە بېرىشى، تىپىك دېلولارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىنى ئوبدان تۇتۇشى كېرەك. مۇھىت ئاسراشقا دائىر قانۇنلارنى ئىجرا قىلىدىغان تارماقلار ئۆزىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىملارنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشى، قانۇننى ئىجرا قىلىش ھەرىكەتلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇشى، قانۇننى ئىجرا قىلىش ئۈنۈمىنى ۋە سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك. 5. مۇھىت ئاسراش قۇرۇلۇشىنىڭ مەبلىغىنى كۆپ يول، كۆپ خىل ئۇسۇل بىلەن يىغىش كېرەك. بىرىنچىدىن، مەخسۇس مۇھىت ئاسراش فوندى تەسىس قىلىپ، فوندنىڭ ئىشلىتىلىشى ۋە باشقۇرۇلۇشى جەھەتتە جامائەت پاراۋانلىقى بىلەن پايدىغا تەڭ ئېتىبار بېرىش، مەبلەغنىڭ ياخشى ئوبوروت قىلىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك. ئىككىنچىدىن، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش، ساياھەت قىلىش، بايلىق ئېچىش، پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىق ئىشلاردىن مۇھىت تۆلىمى ئېلىش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، مەنپەئەتدار بولغان رايون ۋە كارخانىلاردىن بەلگىلىك ھەق ئېلىپ، ئۇنى ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، دۆلەتكە شۇنى مۇراجىئەت قىلىمىزكى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىت ئېكولوگىيىلىك مۇھاپىزەت قۇرۇلۇشى ۋە دەريا - ئېقىن، كۆللەرنى ئوڭشاش ئىشى دۆلەتنىڭ مۇھىت ئوڭشاش ئومۇمىي پىلانىغا كىرگۈزۈلۈپ، ئۇنىڭغا مەبلەغ جەھەتتىن ياردەم بېرىلسە. تۆتىنچىدىن، خەلقئارا ھەمكارلىقنى پائال قانات يايدۇرۇپ، خەلقئارا تەتقىقات، تەرەققىيات مەبلىغىدىن ۋە خەلقئارا پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىن بېرىلگەن قەرز پۇلدىن پايدىلىنىش كېرەك. بەشىنچىدىن، ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى تۈزۈپ چىقىپ، خەلق ئارىسىدىكى ئىقتىسادىي تەشكىلات ۋە شەخسلەرنى بوز يەر، قاقاس تاغلارنى كۆكەرتىشكە، كىچىك تىپتىكى سۇ قۇرۇلۇشلىرىنى ئېلىپ بېرىشقا، سۇ تېجەيدىغان ئېكولوگىيىلىك دېھقانچىلىق، مۇھىت ئاسراش ئۈسكۈنىلىرى قاتارلىق ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ئاسراش قۇرۇلۇشى ساھەلىرىگە مەبلەغ سېلىپ تىجارەت قىلىشقا جەلپ قىلىپ ۋە رىغبەتلەندۈرۈپ، مۇھىت كەسپىنى پەيدىنپەي ئىقتىسادنى ئاشۇرۇشنىڭ يېڭى نۇقتىسىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك. 6. مۇھىم نۇقتىنى بۆسۈش، قىيىن نۇقتىنى بۆسۈش، ئاخىرىغىچە چىڭ تۇتۇپ، ئۈنۈم ھاسىل قىلىش كېرەك. ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ، مالىيە كۈچىنى مۇۋاپىق مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىز يولغا قويۇۋاتقان «1311» مۇھىت ئاسراش ھەرىكىتى پىلانىنى ئۈنۈم ھاسىل قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تارىم دەرياسىنى ھەر تەرەپلىمە ئوڭشاشنى ۋە نۇقتىلىق كۆمۈر كانلىرىدىكى ئوت رايونلىرىنى ئوڭشاشنى ھەرىكەت پىلانىغا كىرگۈزۈش، ئېبىنۇر كۆلىنى ئوڭشاشنىڭ ئالدىنقى قاراتلىق تەييارلىقىنى كۈنتەرتىپكە كىرگۈزۈش كېرەك.

سۇن يەنلىڭ

## شىنجاڭنى پەن - مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشكە سېلىنىدىغان مەبلەغنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ۋە ئۇنى مۇۋاپىق ئىشلىتىش توغرىسىدىكى تەكلىپلەر

ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مائارىپ - مەدەنىيەت - سەھىيە - تەنتەربىيە كومىتېتى بىلەن گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ ش ئۇ ئا ر كومىتېتى بىرلىشىپ تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى ئۇيۇشتۇردى. بۇ گۇرۇپپا ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ماۋ دېخۇا بىلەن گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مۇدىرى جاڭ جىڭنىڭ باشچىلىقىدا «شىنجاڭنى

پەن - مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش» مەبلىغىنىڭ سېلىنىشى ۋە مۇۋاپىق ئىشلىتىلىشى توغرىلىق 1999 - يىل 5 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە ۋە 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنىگىچە سانجى، ئۈرۈمچى، خوتەن، قىزىلسۇ قاتارلىق ئوبلاست، ۋىلايەت، شەھەرگە شۇنىڭدەك بىر قىسىم ئالىي مەكتەپلەرگە بېرىپ مەخسۇس تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ھەمدە پىكىر - تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى:

1. ئىقتىسادنى تىرىشىپ راۋاجلاندۇرۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە كۈچىنى ئاشۇرۇش — پەن - مائارىپ سېلىنمىسىنى ئاشۇرۇشنىڭ تۈپ يولى. 2. مەركەزنىڭ ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - مائارىپ سېلىنمىسىنى ئاشۇرۇش توغرىسىدىكى سىياسەت، بەلگىلىمىلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، پەن - مائارىپ سېلىنمىسىنىڭ ئاشۇرۇلۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. 3. مائارىپ مەبلىغىنىڭ چىقىملىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، مەبلەغ ئىشلىتىشنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇشتىكى ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقىنى كېڭەيتىش كېرەك. 4. دۆلەت مائارىپ لاتارىيە بېلىتى تارقىتىشى كېرەك. مائارىپ لاتارىيە بېلىتى — مائارىپ مەبلىغى يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ ئۈنۈملۈك چارىلىرىدىن بىرى. ئاپتونوم رايوندا بۇ ئىش سىناق تەرىقىسىدە ئېلىپ بېرىلسا. 5. پەن - مائارىپقا مەبلەغ سېلىش، ئۇنى باشقۇرۇش، تەكشۈرۈش - نازارەت قىلىش جەھەتلەردە ئۈنۈملۈك تەدبىر تۈزۈپ چىقىپ، پەن - مائارىپ مەبلىغىنى باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىپ كېتىش ۋە ئىگىلىۋېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، بۇ مەبلەغنىڭ ئۆز جايىغا ئىشلىتىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. 6. ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ مەكتەپ ئېچىشىغا مەدەت بېرىش ۋە ئىلھام بېرىش كېرەك. ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ مەكتەپ ئېچىشىغا دائىر كونكرېت سىياسەت، تەدبىرلەرنى تېزرەك تۈزۈپ چىقىپ، ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ مەكتەپ ئېچىشتا ئېلىنغان ھەق ئارقىلىق «چىقىمنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ كىرىمنى مۇقىملاشتۇرۇشى»غا ھەمدە بەلگىلىك ئېشىنچىغا ۋە جۇغلانمىغا ئىگە بولۇشىغا رۇخسەت قىلىپ، كارخانىلارنىڭ، شەخسلەرنىڭ ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ مەكتەپ ئېچىش ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغاپ، تېخىمۇ كۆپ ئىجتىمائىي مەبلەغنى مائارىپ ئىشلىرىغا جەلپ قىلىش كېرەك. 7. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نامرات رايونلارنىڭ پەن - مائارىپىغا سېلىنىدىغان مەبلەغنى مۇۋاپىق ھالدا كۆپەيتىپ، مالىيىدىن يۆتكەپ چىقىم قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك. 8. پەن- تېخنىكا مەبلىغىدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك، ئەمەلىي پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرىنىڭ كارخانا تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىلىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرىنى ئوخشاش بولمىغان تىپلار بويىچە پەن - تېخنىكا تىجارىتى تىپىدىكى كارخانىلارغا ئايلاندۇرۇپ ياكى ئالاقىدار كارخانىلارغا قوشۇۋېتىپ، تەتقىقات تەرەققىياتى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ماركېتىنىڭ بىر گەۋدە بولۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك. 9. مالىيە - باج تارماقلىرى پەن - تېخنىكا جەھەتتە كىرىم قىلىش پائالىيەتلىرىنى ئاكتىپلىق بىلەن قوللىشى، پەن - تېخنىكا تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنىڭ يەنىمۇ چوڭقۇرلىشىشىغا مەدەت بېرىشى كېرەك.

سۇن يەنلىڭ

## شىنجاڭنىڭ مۇھاجىرلار ئىشلىرى خىزمىتىنىڭ ئەھۋالى ئۈستىدىكى تەكشۈرۈش

1999 - يىل 6 - ئاينىڭ 17 -، 18 - كۈنلىرى ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ خەنرۇ ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ ۋە شياڭگاڭ - ئاۋمېن - تەيۋەن - مۇھاجىرلار ئالاقە باغلاش كومىتېتىنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرىنى باشلاپ، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە ئىلى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ مۇھاجىرلار ئىشلىرى خىزمىتىنى تەكشۈردى ھەمدە مۇنداق پىكىر - تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى:

1. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر مۇھاجىرلار ئىشلىرى خىزمىتىگە يەنىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، مۇھاجىرلار ئىشلىرى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي رەۋىشتە كۈچەيتىپ، يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭ مۇھاجىرلار ئىشلىرى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكىگە بولغان تونۇشنى ئۆستۈرۈشى كېرەك. 2. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلارنى، مۇھاجىرلارنىڭ بالا - چاقىلىرىنى قوغداش قانۇنى»نى يەنىمۇ ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. 3. ئاپتونوم رايون مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ كارخانىلىرىغا قارىتىلغان ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى تېزرەك تۈزۈپ چىقىپ يولغا قويسا. 4. چەت ئەللەردىكى شىنجاڭلىق جۇڭگو مۇھاجىرلىرى خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇرۇش كېرەك. 5. ئاپتونوم رايون مالىيىسى مەلۇم مىقداردا مەخسۇس مەبلەغ ئاجرىتىپ، ئۇنى دۆلەت تەرىپىدىن ھەر يىلى ئاجرىتىپ بېرىلىدىغان نامراتلارنى يۆلەش ئوبوروت مەبلىغى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلارنى ۋە مۇھاجىرلارنىڭ بالا-چاقىلىرىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش سۈرئىتىنى تېزلەتسە. 6. مۇھاجىرلار ئىشلىرى تارماقلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئۇنىڭ رولىنى

ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇش كېرەك. مۇھاجىرلار بار نۇقتىلىق يېزا، ناھىيە، شەھەرلەردە مۇھاجىرلار ئىشلىرى ئىشخانىسى تەسىس قىلىش كېرەك.

سۇن يەنلىڭ

## ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ئۈستىدىكى تەكشۈرۈش ۋە تەكلىپلەر

1999 - يىل 6 - ئاينىڭ 17 -، 18 - كۈنلىرى ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بېكمۇقەممەت مۇسا مىللەت - دىن ۋە قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى باشلاپ، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىغا بېرىپ، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى. ساقلانغان ئاساسلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇنداق تەكلىپ بەردى: 1. ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. كۆز قاراشنى ھەقىقىي رەۋىشتە ئۆزگەرتىپ، «ئۈچكە پايدىلىق بولۇش»نى ئاساس قىلىپ، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئوبدان تاشقى مۇھىت يارىتىش كېرەك. ھۆكۈمەتنىڭ فۇنكسىيىلىك تارماقلىرىنىڭ ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا مەدەت بېرىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، بۇ ئىگىلىكنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى تۈۋرۈككە ئايلاندۇرۇش كېرەك. 2. ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قانۇن بويىچە قوغداش كېرەك، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرى مۇلازىمەتنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئوبدان يولغا قويۇپ، يەككە، خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ كۆلەملىشىش، كوللېكتىپلىشىش نىشانىغا قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا، بازاردا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىشىگە، بازاردىكى رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىش ۋە تۈرتكە بولۇش كېرەك. 3. ھەر دەرىجىلىك مەسئۇل تارماقلار ۋە ھەر دەرىجىلىك قانۇن ئىجرا قىلغۇچى تارماقلار پارتكوملارنىڭ، ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە فۇنكسىيىسىنى ھەقىقىي رەۋىشتە ئۆزگەرتىپ، خىزمەت ئىستىلىنى ياخشىلاپ، مەسئۇلىيىتىنى توغرا ئادا قىلىپ، ئوبدان ماسلىشىپ، يەككە، خۇسۇسىي مۇلۇكنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرىدىغان بىرلەشمە كۈچ شەكىللەندۈرۈشى كېرەك. 4. ئومۇمىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تېخىمۇ ئازادە مۇھىت يارىتىپ بېرىش كېرەك. ئامانەت - قەرز سىياسىتى قاتارلىق جەھەتلەردە، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان كارخانىلارغا دۆلەت كارخانىلىرىغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش، بولۇپمۇ پەن - تېخنىكا تەركىبى يۇقىرى، تەرەققىيات ئىستىقبالى بار كارخانىلارنى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى مەبلەغ بىلەن پائال تەمىنلىشى كېرەك.

سۇن يەنلىڭ

## چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتى ئۈستىدىكى تەكشۈرۈش ۋە تەكلىپلەر

1999 - يىل 8 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يۈسۈپ ئەيسا ئىقتىساد - پەن - تېخنىكا - مۇھىت ئاسراش كومىتېتىنىڭ بىر قىسىم دائىمىي ئەزالىرى، ئەزالىرى، مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەر ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرىنى باشلاپ، شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر (گۇرۇھى) شىركىتى، شىنجاڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى گۇرۇھى شىركىتى، ئۈرۈمچى كان ئىشلىرى ئىدارىسى، سانجى پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، شىنجاڭ ئاپتوموبىل زاۋۇتىدىن ئىبارەت 5 چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىغا بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. كارخانىلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى، قىيىنچىلىقى ۋە بۇ كارخانىلاردا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ئۈستىدە بىر زاۋۇتتا بىر سىياسەت قوللىنىش پىكرى ۋە تەكلىپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بىر قانچە جەھەتتە تەھلىل قىلىنغان ۋە تەتقىق قىلىنغان دوكلاتلارنى شەكىللەندۈردى. شۇنداق قىلىپ، ئاپتونوم رايوندىكى چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتى جەھەتتىكى تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى:

1. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر پارتىيە 15 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئوبدان تاشقى مۇھىت يارىتىپ بېرىشى كېرەك. كارخانىلارنىڭ ئۆزىمۇ كۆتۈرۈپ تۇرۇش، يۈلىنىۋېلىش، تەمە قىلىش ئىدىيىسىنى يېڭىپ، ئۆزىنىڭ ئىچكى جەھەتتىكى ئىسلاھات قۇربىنى ئاشۇرۇپ، ئىچكى جەھەتتىكى خىزمەتلىرىنىڭ باشقۇرۇلۇش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى كېرەك. 2. پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتىغا دائىر سىياسەتلەرنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. 3. كارخانا ئىسلاھاتىنىڭ سالمىقىنى زورايتىپ، كارخانا ئىسلاھاتىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، كارخانىلارنى ياخشى سۈپەتلىك ئايلىنىش يولىغا تېزرەك كىرگۈزۈش كېرەك. مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنى ھەقىقىي رەۋىشتە ئايرىش؛ ئۆزگەرتىپ

تەشكىللەش، تۈزۈمنى ئۆزگەرتىش، مەبلەغنى يېڭىۋاشتىن ئۇيۇشتۇرۇش، خادىملارنى قىسقارتىپ تارقاقلاشتۇرۇش، تەننەرخنى ھېسابلاش قاتارلىق تەدبىرلەرنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، كارخانىلارنىڭ تېزرەك ياخشى سۈپەتلىك ئايلىنىش يولىغا كىرىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك؛ تىجارەتچىنىڭ تەقسىمات جەھەتتىكى رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش كېرەك؛ ھەقىقىي ئۈنۈم بېرىدىغان نازارەت قىلىش، چەكلەش مېخانىزمىنى ئورنىتىش، تەدبىر بەلگىلىگۈچىلەر قاتلىمى، نازارەت قىلغۇچىلار قاتلىمى، تىجارەت قىلغۇچىلار قاتلىمى ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈشى كېرەك؛ نازارەت قىلىش، چەكلەش فۇنكسىيىسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، باشقۇرغۇچى خادىملارنىڭ تۆپە - تۆپىلەپ قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتىشىدىن ساقلىنىش كېرەك؛ ئاساسىي قاتلاملاردىكى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى كارخانىلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي فۇنكسىيىدىن ئايرىلىشىغا ياردەم بېرىشى ۋە مەدەت بېرىشى كېرەك. 4. بازارنىڭ يېتىلدۈرۈلۈشىنى ۋە مەھسۇلات ماركېتىڭىنى كۈچەيتىش كېرەك. كارخانىلار بازارغا ئەھمىيەت بېرىشى، بازارنى ئىگىلىشى، بازارنى كېڭەيتىشى، بازارنى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن بىر قاتاردا مۇھىم ئورۇنغا قويۇشى كېرەك. ئالاقىدار تارماقلار كارخانا مەھسۇلاتلىرىنىڭ شىنجاڭنىڭ بازارلىرىنى ئىگىلىشىگە ياردەم بېرىشى كېرەك. قانۇن ئىجرا قىلىشنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، بازار ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش كېرەك. 5. ئۇسكۇنىلەرنىڭ يېڭىلىنىشىنى تېزلىتىپ، تەننەرخنى تۆۋەنلىتىپ، سۈپەتنى ئۆستۈرۈپ، مەھسۇلاتنىڭ بازاردا رىقابەتلىشىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش كېرەك. 6. كارخانىلاردىكى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ۋە خىزمەتچى، ئىشچىلارنىڭ تەربىيىلىنىشىنى كۈچەيتىپ، كارخانىنىڭ ئومۇمىي سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كارخانا باشقۇرغۇچىلارنىڭ ئومۇمىي سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى، كادىرلار مىنىستىرلىكىنىڭ ئىچكى جايلاردىكى مۇنەۋۋەر كارخانا كادىرلىرىنى پىلانلىق تۈردە تاللاپ ۋەزىپە بىلەن شىنجاڭغا ئەۋەتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلسا ياكى دېڭىز بويىدىكى تەرەققىي قىلغان رايونلارنىڭ كارخانا باشقۇرغۇچى خادىملىرىنى تەجرىبە ئالماشتۇرۇش، ئۆگىنىش، ياردەم بېرىش، يېتەكلەشكە تەكلىپ قىلسا بولىدۇ.

سۇن يەنلىڭ

## ئورمانچىلىق خىزمىتىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى تەكشۈرۈش دوكلاتى

1999 - يىل 7 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 12 - كۈنىگىچە مۇئاۋىن رەئىس يۈسۈپ ئەيسا ئىقتىساد - پەن - تېخنىكا - مۇھىت ئاسراش كومىتېتىنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرىنى باشلاپ، ئورمانچىلىق نازارىتى رەھبەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا مورى، گۈچۈڭ، جىمسار قاتارلىق جايلاردىكى ئورمانچىلىق مەيدانلىرىغا بېرىپ، ئورمانچىلىق خىزمىتىنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈردى. كومىتېت ئەزالىرى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئورمانچىلىق خىزمىتىگە قارىتا مۇنداق پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى:

1. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر ئورمانچىلىقنىڭ مۇھىملىقىنى، ئاپتونوم رايونىمىز ئېكولوگىيىلىك مۇھىت جەھەتتە دۇچ كېلىۋاتقان جىددىي ۋەزىيەتنى ئىقتىساد ۋە جەمئىيەتنىڭ سىجىل تەرەققىياتى يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ يەنىمۇ چوڭقۇر تونۇپ، ئورمانچىلىق خىزمىتىنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈشى، ئورمانچىلىق قۇرۇلۇشىنى خىزمەتنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى ۋە تەكشۈرۈش، باھالاشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىشى، ئېنىق نىشان ۋە مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئورنىتىشى كېرەك. ئورمانچىلىقنى باشقۇرىدىغان تارماقلار ھەر خىل ۋاسىتە ۋە يوللاردىن پايدىلىنىپ، ئورمانچىلىق قۇرۇلۇشى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسراش جەھەتتىكى بىلىمگە دائىر تەشۋىقات، تەربىيىنى كۈچەيتىپ، ئورمانچىلىق قۇرۇلۇشىغا ئومۇمىي خەلق ئەھمىيەت بېرىدىغان ئىجتىمائىي كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈشى كېرەك. 2. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تۈزلەڭلىك تەبىئىي ئورمانلىرىنى قوغداش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى ۋە ۋىلايەت، ئوبلاستلارغا قاراشلىق دۆلەت ئىلكىدىكى تاغ ئورمان مەيدانلىرىنى دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش دائىرىسىگە كىرگۈزۈش كېرەك؛ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 10 چوڭ ئورمانچىلىق قۇرۇلۇشىنى ئاساسىي قۇرۇلۇش پىلانىغا كىرگۈزۈپ باشقۇرۇش كېرەك. مالىيە ئورمانچىلىق قۇرۇلۇشىغا سېلىنىدىغان ئەسلىدىكى مەبلەغ كۆلىمىنى ساقلاپ قېلىش ئاساسىدا، ئورمانچىلىق سېلىنمىسىنى مۇۋاپىق ئاشۇرۇشى كېرەك؛ بەلگىلەنگەن ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى تېزرەك يولغا قويۇپ، ئورمانچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ مەخسۇس مەبلىغىنىڭ باشقۇرۇلۇش، ئىشلىتىلىش ئەھۋالى ئۈستىدىكى نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش كېرەك. 3. ھۆكۈمەتنىڭ ئورمانچىلىق رايونلىرىدا تۇرۇشلۇق تارماقلىرى ئورمانچىلىق خىزمىتىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوللاپ، ئورمانچىلىقتا ئالدىن ئېتىبار بېرىش پرىنسىپىنى قەتئىي تۇرغۇزۇپ، تېرىلغۇ يەرگە ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن ئورمان يەرلىرىنى قايتۇرۇۋېلىپ، ئورماننى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، يايلاققا ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن ئورمان يەرلىرىنى قايتۇرۇۋېلىپ ئورماننى ئەسلىگە كەلتۈرۈش

سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇشى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك. 4. ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي گەۋدە ۋە شەخسلەرنىڭ ئورمانچىلىق قۇرۇلۇشى ساھەسىگە كىرىپ مەبلەغ سېلىپ ئىگىلىك باشقۇرۇشىغا تۈرلۈك تەدبىرلەر بىلەن ئىلھام بېرىش، مۇناسىپ ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئورمانچىلىقنىڭ ھەر تەرەپلىمە تەرەققىياتىنى ۋە بۇ جەھەتتىكى تىجارەتنى ئالغا سۈرۈپ، ئورمانچىلىقنى كۆلەملىشىش، كەسىپلىشىش يۆنىلىشىگە قاراپ راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك. ئوقتىلىق ئورمان ئەھيا قىلىش قۇرۇلۇشىنى شۇ جاينىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، پۈتكۈل جەمئىيەتنى ئورمان ئەھيا قىلىپ كۆكەرتىش ۋە ئىقتىسادىي ئورماننى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پائال قاتنىشىشقا رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك. 5. ئورمانچىلىق تارماقلىرى ۋە بۇ تارماقلارنىڭ قارىمىقىدىكى كارخانىلار «تەبىئىي ئورماننى قوغداش» قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇشنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا تەبىئىي ئورماننى كېسىش نورمىسىنى يەنىمۇ ئازايتىشى، تەبىئىي ئورماننى كېسىشنى تېزرەك توختىتىشى كېرەك. ئاپتونوم رايون ئورمان سانائىتى كارخانىلىرىنىڭ كەسىپ ئۆزگەرتىشىنى ۋە كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشىنى پائال قوللىشى كېرەك. 6. ئورمانچىلىق پەن تەتقىقاتىغا ۋە ئورمانچىلىق مائارىپىغا سېلىنىدىغان مەبلەغنى كۆپەيتىپ، ئورمانچىلىق پەن تەتقىقاتى ۋە تېخنىكا ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىختىساسلىق زاپاس خادىملارنى يېتىشتۈرۈش، ئورمانچىلىق پەنلىرى جەھەتتىكى ئاساس تەتقىقاتنى كۈچەيتىش كېرەك. ئاپتونوم رايوننىڭ پەن تەتقىقاتى تۈرلىرىنى ئورۇنلاشتۇرغاندا، ئورمانچىلىق تەتقىقات تېمىلىرىنىڭ نىسبىتىنى ئاشۇرۇش، ئورمانچىلىقنىڭ ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇش يۆنىلىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

سۈن يەنلىڭ

## دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇش ئەھۋالى توغرىسىدىكى تەكشۈرۈش ۋە دوكلات

1999 - يىل 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 17 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى پاشا ئىشان مائارىپ - مەدەنىيەت - سەھىيە - تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرىنى باشلاپ، ئالتاي ۋىلايىتىگە بېرىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئەھۋالىنى تەكشۈردى ھەمدە مۇنداق تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى:

1. تونۇشنى ئۆستۈرۈپ سېلىنمىنى كۆپەيتىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ بولۇپمۇ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت بايلىقىنى ھەر تەرەپلىمە ئېچىپ، ئۇنى شىنجاڭ ئىقتىسادىنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ يېڭى نۇقتىسىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك. 2. ئومۇميۈزلۈك پىلانلاش، ھەر تەرەپلىمە پايدىلىنىش، مادارغا يېقىپ ئىش كۆرۈش، ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. 3. مەدەنىيەتكە دائىر سىياسەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى خىراجىتىنىڭ مەنبەسىنى كېڭەيتىش كېرەك. 4. قاناس كۆلى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنى ھەر تەرەپلىمە قوغداش ۋە مۇۋاپىق ئېچىش پىلانىنى تېزرەك تۈزۈپ چىقىش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

سۈن يەنلىڭ

## «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ شەھەرلەرنى پىلانلاش قانۇنى»نى ئىزچىل ئىجرا قىلىش ئەھۋالى ئۈستىدىكى تەكشۈرۈش

1999 - يىل 8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مىللەت، دىن ۋە قانۇنچىلىق كومىتېتى ئۈرۈمچى شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش بىلەن بىرلىكتە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللىدى. بۇ گۇرۇپپا ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بېكمۇقەممەت مۇسانىڭ باشچىلىقىدا ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ «شەھەرلەرنى پىلانلاش قانۇنى»نى ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ (شەھەرلەرنى پىلانلاش قانۇنى)نى يولغا قويۇش چارىسى»نى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ھەمدە مۇنداق پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى:

1. ئاپتونوم رايوندىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ماسلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئۈرۈمچى شەھىرى قاتارلىق چېگرىداش قوشنا ئوبلاست، شەھەر (ناھىيە)لەر بىلەن بىرلىكتە مۇزاكىرە قىلىپ، ماجىراسى بار چېگرا بۆلەكلىرىنى بېكىتىپ، تارىختىن قېپقالغان مەسىلىلەرنى مۇۋاپىق ھەل قىلسا. 2. «شەھەرلەرنى پىلانلاش قانۇنى»نى ئىزچىللاشتۇرۇش، نازارەت قىلىش، چەكلەش مېخانىزمىنى كۈچەيتىش لازىم. 3. پىلانلاشنى نازارەت قىلىشقا دائىر قانۇن - نىزاملارنى چىڭىتىش كېرەك.

سۈن يەنلىڭ

## دۆلەت كارخانىلىرىدا قەرزنى پايغا ئۆزگەرتىشنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى تەكلىپلەر

1999 - يىل 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 31 - كۈنىگىچە

ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ يۈسەن بىلەن سەرجە سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى ۋە سىياسىي كېڭەشنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرىدىن، ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرىدىن، جۇڭگو «شىندا» مال - مۈلۈك باشقۇرۇش شىركىتىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئەربابلاردىن تەركىب تاپقان تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى باشلاپ، شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر (گۇرۇھى) شىركىتى، شىنجاڭ قەغەز پەنەركە زاۋۇتى، سانجى شېكەر زاۋۇتى قاتارلىق سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ھەقدارلىق ھوقۇقىنى پاي ھوقۇقىغا ئۆزگەرتىش مەسىلىسى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى مۇنداق تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى:

1. ھۆكۈمەت ئاپتونوم رايوندىكى بارلىق چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلارنىڭ مال - مۈلكىنى دەلىللەپ، مۇھىم نۇقتىسىنى بەلگىلەپ، ئاساسلىقلىرى بىلەن 2 - ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى پەرقلەندۈرۈپ، ھەقدارلىق ھوقۇقىنى پاي ھوقۇقىغا ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىشى كېرەك. 2. بانكىلار خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىيىتىنى، شىنجاڭنىڭ كەلگۈسى ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئاساس قىلىپ، ئايرىۋېتىشكە بولغان مال - مۈلۈكنى بالدۇرراق ۋە كۆپرەك ئايرىۋېتىپ، كارخانىلارغا قەرزنى پايغا ئۆزگەرتىش ئۈچۈن كۆپرەك پۇرسەت يارىتىپ بېرىشى كېرەك. 3. پۇل مۇئامىلە - مال - مۈلۈك شىركەتلىرى يەرلىك ھۆكۈمەتلەرگە پائال ماسلىشىپ، ئالاقىدار رەسمىيەتلەر بويىچە خىزمەتنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەپ، كارخانىلارنىڭ قەرزنى پايغا ئۆزگەرتىش لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقىشىغا يېتەكچىلىك قىلىشى، كارخانىلارنىڭ مەبلىغىنى باھالاش ئىشىنى راستچىللىق بىلەن ئىشلىشى كېرەك. ناچار مال - مۈلۈكنى ئېتىراپ قىلىش ھەم مەركەزنىڭ مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلىرىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئۇيغۇن كېلىشى، ھەم بۇنىڭدا شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتى ئاساس قىلىنىشى كېرەك. بولۇپمۇ يالغان پايدا ئېلىپ راست زىيان تارتقان كارخانىلارغا كونكرېت ئەھۋالغا قاراپ كونكرېت مۇئامىلە قىلىش، يېڭى قەرز ئېلىپ كونا قەرزنى قايتۇرغان، ئالغان قەرز ئارقىلىق ئۆسۈمنى قايتۇرغان، قەرزنى ھېسابات دەپتىرىدە قايتۇرغان دەپ يېزىلغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە قەرەلىدە قايتۇرۇشقا مادارى يەتمەيدىغان كارخانىلار «قەرز ۋە ئۆسۈمى ئېسىپ قويۇلغان» دەپ قارىلىپ، مال - مۈلكى ناچار كارخانا دەپ ئېتىراپ قىلىنىشى كېرەك. 4. كارخانىلار تۇرلۇك تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك. مال - مۈلكى ناچار بولغانلىقتىن قەرزى پايغا ئۆزگەرتىلىدىغان كارخانىلار ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ قەرزىنى ئېنىقلىشى كېرەك. ھېسابات قىلىش ئارقىلىق، كارخانىنىڭ ئومۇمىي مال - مۈلكى ئىچىدىكى ناچار قەرزدارلىق نىسبىتىنى ئېنىقلاپ، قەرزنىڭ پايغا ئۆزگەرتىلىدىغان قىسمىنى ۋە قەرزنى پايغا ئۆزگەرتىشنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئۈنۈم دەرىجىسىنى بەلگىلەپ، ئومۇمىي جەھەتتىن پىلان بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك. 5. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىغا چىقىپ، ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد - سودا كومىتېتى، سودا بانكىسى، پۇل - مۇئامىلە - مال - مۈلۈك باشقۇرۇش شىركىتى، دۆلەت مال - مۈلكىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى قاتارلىق تارماقلاردىن تەركىب تاپقان مەخسۇس بەنزە ئۇيۇشتۇرسا، بۇ بەنزە قەرزنى پايغا ئۆزگەرتىدىغان كارخانىلارنى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھەرىكەتنى ماسلاشتۇرۇپ، قەرزنى پايغا ئۆزگەرتىش جەريانىدا دۇچ كېلىش ئېھتىمالى بولغان مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىپ ھەل قىلىپ، قەرزنى پايغا ئۆزگەرتىش خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلسا. 6. ھۆكۈمەت كارخانىلارنىڭ تىجارەت خاراكتېرىدە بولمىغان ئاپپاراتلاردىن تېزرەك ئايرىلىشىنى قوللاپ، كارخانىلارنىڭ قەرزنى پايغا ئۆزگەرتىشنى يولغا قويۇشىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

سۇن يەنلىڭ

## يېزا ياشلىرىنىڭ ئىدىيە - ئەخلاق ئەھۋالى ئۈستىدە تەكشۈرۈش

1999 - يىل 10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش ئاممىۋى تەشكىلات ۋە شياڭگاڭ - ئاۋمېن - تەيۋەن مۇھاجىرلار ئالاقە باغلاش كومىتېتى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئۇيۇشتۇردى. بۇ گۇرۇپپا ئاقسۇ ۋىلايىتىگە بېرىپ يېزا ياشلىرىنىڭ ئىدىيە - ئەخلاق ئەھۋالى ئۈستىدە مەخسۇس تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، مۇنداق پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

1. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ياشلارغا قارىتىلغان ئىدىيە - ئەخلاق تەربىيىسى خىزمىتىنى پارتكومنىڭ مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈشى، بولۇپمۇ يېزا ياشلىرىغا بولغان ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىشى كېرەك. كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى تەشكىلاتلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، ئىتتىپاق قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى نىشانلىق باشقۇرۇش ئىچىگە كىرگۈزۈپ تەكشۈرۈش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى تەشكىلاتلىرىنى تەشكىلىي جەھەتتىن، ئاپپارات جەھەتتىن، شتات جەھەتتىن، خىراجەت جەھەتتىن قوللاپ ۋە كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىنى ھەقىقىي رەۋىشتە ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ ياشلار خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان ياردەمچىسىگە

ئاپلاندۇرۇش كېرەك. 2. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ باشلامچىلىقىدا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى، مائارىپ تارماقلىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى يېزا ياشلىرىغا قارىتىلغان ئىدىيە - ئەخلاق تەربىيىسىنى كۈچەيتىشكە دائىر مەسىلىلەر ئۈستىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، بىرلىكمە كۈچ ھاسىل قىلىپ، خىزمەتنى بىرلىكتە قانات يايدۇرۇشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يېزا ياشلىرىنىڭ ئىدىيە، مەدەنىيەت بازىسى قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش ۋە كۆڭۈل بۆلۈش كېرەك. 3. يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار يېزا دەرىجىلىك، كەنت دەرىجىلىك ئىتتىپاق كومىتېتلىرى، ئىتتىپاق ياچېيكىلىرى شۇجىلىرى ۋە بەنزىلىرىنى ئوبدان تاللاپ، سەپلەپ، ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كەنت ئىتتىپاق ياچېيكا شۇجىلىرىنىڭ سىياسىي ۋە تۇرمۇش تەمىناتىنى مۇۋاپىق دەرىجىدە ئۈستۈرۈپ ئىشتىن قالغانلىق تولدۇرمىسىنى مۇۋاپىق ھالدا بېرىپ، ئۇلارنى پۈتۈن نىيەت بىلەن خىزمەت ئىشلەش، ئىش ئورنىنى سۆيۈش، كەسپىنى قەدىرلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك.

سۈن يەنلىڭ

## خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى

1999 - يىل 9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىلەن ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ «خەلق» سارىيىدا خەلق سىياسىي كېڭىشىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى ئۆتكۈزدى.

ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ يۇنچۈەن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەمدە سۆز قىلدى.

ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى جانابىل يىغىندا سۆز قىلدى. ئۇ خەلق سىياسىي كېڭىشىنىڭ 50 يىللىق شانلىق مۇساپىسىنى ۋە شىنجاڭ سىياسىي كېڭىشىنىڭ تارىخىنى ئەسلەپ ئۆتتى ھەمدە قانداق قىلىپ سىياسىي كېڭەش خىزمىتىدە تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش توغرىسىدا ئۆزىنىڭ تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى ش ئۇ ئا ر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى جۇ جېنجۇڭ ھەر قايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ ش ئۇ ئا ر كومىتېتلىرىغا ۋە سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىگە ۋاكالىتەن سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ئىلگىرىكى رەھبەرلىرىدىن ھامىدىن نىياز، ۋاڭ چۈەنيۇ، ئابدۇرېھىم ھامىت قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

سۈن يەنلىڭ

## مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكى شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى لى يۈۋېي يېتەكچىلىكىدىكى 8 كىشىلىك تەكشۈرۈش ئۆمىكى 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنىگىچە كۈيتۇڭ، ئىلى، كورلا، تۇرپان قاتارلىق جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى ۋە تەكشۈردى.

سۈن يەنلىڭ

## بىر قىسىم ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشلەرنىڭ تەكشۈرۈش ئۆمەكلىرى شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى

بېيجىڭ شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى لى خۇشىڭ يېتەكچىلىكىدىكى 9 كىشىلىك تەكشۈرۈش ئۆمىكى 7 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە قەشقەر، تۇرپان قاتارلىق جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى ۋە تەكشۈردى.

ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شارى يېتەكچىلىكىدىكى 8 كىشىلىك تەكشۈرۈش ئۆمىكى 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە تۇرپان، كورلا قاتارلىق جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى ۋە تەكشۈردى.

ئەنخۇي ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جى جياخۇڭ يېتەكچىلىكىدىكى 10 كىشىلىك تەكشۈرۈش ئۆمىكى 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 7 - كۈنىگىچە قەشقەر، غۇلجا، تۇرپان قاتارلىق جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى ۋە تەكشۈردى.

بېيجىڭ شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سۇڭ ۋېيلياڭ يېتەكچىلىكىدىكى 7 كىشىلىك تەكشۈرۈش ئۆمىكى 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە قەشقەر، ئىلى، تۇرپان قاتارلىق جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى ۋە تەكشۈردى.

فۇجيەن ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى چېن جياخۇا يېتەكچىلىكىدىكى 8 كىشىلىك تەكشۈرۈش ئۆمىكى 8 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنىگىچە

تۇرپان، كورلا، قەشقەر، غۇلجا، شىخەنزە قاتارلىق جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى ۋە تەكشۈردى.

يۈننەن ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ جاۋسىن يېتەكچىلىكىدىكى 12 كىشىلىك تەكشۈرۈش ئۆمىكى 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 8 - كۈنىگىچە غۇلجا، تۇرپان قاتارلىق جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى ۋە تەكشۈردى.

ئەنخۇي ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يۈ زۇيپىڭ يېتەكچىلىكىدىكى 9 كىشىلىك تەكشۈرۈش ئۆمىكى 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 8 - كۈنىگىچە غۇلجا، تۇرپان قاتارلىق جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى ۋە تەكشۈردى.

خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شېن گېنرۇڭ يېتەكچىلىكىدىكى 10 كىشىلىك تەكشۈرۈش ئۆمىكى 9 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 21 - كۈنىگىچە شىخەنزە، قەشقەر، غۇلجا، تۇرپان قاتارلىق جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى ۋە تەكشۈردى.

جياڭسۇ ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خەن ۋېنيەن يېتەكچىلىكىدىكى 8 كىشىلىك تەكشۈرۈش ئۆمىكى 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 13 - كۈنىگىچە غۇلجا، تۇرپان، قەشقەر، شىخەنزە قاتارلىق جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى ۋە تەكشۈردى.

سۇن يەنلىڭ

## تارىخ ماتېرىياللىرى خىزمىتى

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرىياللىرى كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرىنى يىغىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، ساقلانما ماتېرىياللارنى ئېنىقلاش خىزمىتىنى ۋە مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرىياللىرى كومىتېتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدىكى «سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرىياللىرىدىن تاللانما» ناملىق مەجمۇئەنىڭ چىقىرىلىشىغا ھەمكارلىشىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى. ئېنىقلاش ئارقىلىق ساقلانما تارىخ ماتېرىياللىرىغا دائىر 500 پارچىدىن ئارتۇق ماقالە تېپىلدى، بۇ تەخمىنەن 7 مىليون خەتلىكتىن ئارتۇق بولۇپ، ئۇيغۇرچىسى 3 مىليون خەتتىن، خەنزۇچىسى 4 مىليون خەتتىن ئاشىدۇ، بۇ ماتېرىياللار ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىسادىي جەھەتلەردىكى، مائارىپ، مەدەنىيەت، مىللەت ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ساقلانما ماتېرىياللارنى ئېنىقلاش ئارقىلىق «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» دېگەن كىتابنى ۋە مىللەتلەرگە دائىر تارىخىي ماتېرىياللارنى تۈزۈپ نەشر قىلىشقا، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رىياسەتچىلىكىدىكى شەخسلەرگە دائىر مەخسۇس تارىخىي ماتېرىيال — «شېڭ شىسەي» ناملىق كىتابنى يېزىشقا تارىخىي ماتېرىيال جەھەتتىن ئوبدان تەييارلىق كۆرۈلدى.

1999 - يىل تارىخ ماتېرىياللىرىنى يىغىش، تەھرىرلەپ نەشر قىلىش پىلانى ئورۇنلاندى. «بۇرھان شەھىدىنى ئەسلەيمىز» (خەنزۇچە نەشرى، جۇڭگو تارىخ ماتېرىياللىرى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى)؛ «قەشقەردە ئەسكەر تۇرغۇزۇپ بوز يەر ئېچىلغان 30 يىل» (ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى) بۇ كىتاب 3 قىسىملىق. «ئاسىيا كىندىكى» گېزىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، «تارىخ ماتېرىياللىرى مۇنبىرى» ناملىق سەھىپىدىن 12 سان چىقىرىلدى (بۇ جەمئىي 120 مىڭ خەتلىك)، 1999 - يىلى يەنە «تارىخىي تاللاش» ناملىق چوڭ تىپتىكى ھۆججەتلىك فىلىمنى ئىشلەش خىزمىتىگە قاتنىشىپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ ۋە شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىغا سوۋغا قىلىندى.

يۈ جۇنشېڭ

# دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار

## ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار مەسئۇللىرىنىڭ ئىسىملىكى

جۇڭگو گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى

مۇدىر: جاڭ جىڭ.

مۇئاۋىن مۇدىرلار: سۇڭ داچىڭ، جاڭ گوفېڭ، خۇ شىمبى (ئايال)، شۇ جاۋ.

جۇڭگو دېموكراتىيە ئىتتىپاقى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى

مۇدىر: جۇ جېنجۇڭ.

مۇئاۋىن مۇدىرلار: لى شياڭرۇي، يەن خۇجۇڭ، خو شۇخۇا، جۇ جىجيەن، ۋاڭ جېڭرۇڭ (ئايال).

جۇڭگو دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى

مۇدىر: شيې شېڭرۇي.

مۇئاۋىن مۇدىرلار: جاۋ خۇيگۇي، جۇاڭ جىگو.

جۇڭگو دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى

مۇدىر: جۇ جىڭباۋ.

مۇئاۋىن مۇدىرلار: شى جيەنشىن، تۇڭ جاۋلىڭ (ئايال).

جۇڭگو دېھقان ـ ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيىسى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى

مۇدىر: ليۇ چېڭجى.

مۇئاۋىن مۇدىرلار: سۇ شىۋۇ، ليۇ خۇڭجۇەن، ليۇ جىزۇ، ليۇ بياۋ.

«3 ـ سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى

مۇدىر: گۇاڭ جېنرۇڭ.

مۇئاۋىن مۇدىرلار: ۋاڭ خەنشىڭ، چى ۋېنگۇاڭ، ۋاڭ دىجى، يۇ داۋخۇ.

## شىنجاڭدىكى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ تەشكىلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەھۋالى

1999 ـ يىلى شىنجاڭدىكى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار جەمئىي 71 ئەزا قوبۇل قىلدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭدىكى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ ئومۇمىي ئەزاسى 3730غا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە جۇڭگو گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ يېڭى ئەزاسى 31 بولۇپ، ئومۇمىي ئەزاسى 714كە يەتتى؛ دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ يېڭى ئەزاسى 7 بولۇپ، ئومۇمىي ئەزاسى 1220گە يەتتى؛ دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتىنىڭ يېڭى ئەزاسى 8 بولۇپ، ئومۇمىي ئەزاسى 359غا يەتتى؛ دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتىنىڭ يېڭى ئەزاسى 5 بولۇپ، ئومۇمىي ئەزاسى 553كە يەتتى؛ دېھقان ـ ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيىسىنىڭ يېڭى ئەزاسى 9 بولۇپ، ئومۇمىي ئەزاسى 333كە يەتتى. «3 ـ سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ يېڭى ئەزاسى 11 بولۇپ، ئومۇمىي ئەزاسى 551گە يەتتى. شىنجاڭدىكى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ ئەزاسى ئىچىدە ئالىي ئوقۇغانلار 1268 بولۇپ، ئومۇمىي ئەزانىڭ %34نى ئىگىلىدى؛ ئوتتۇرا ئوقۇغانلار 1680 بولۇپ، %45نى ئىگىلىدى.

جاۋ يۈلەن

## دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار دوكلات يىغىنى ئۆتكۈزدى

جۇڭگو گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ، جۇڭگو دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ، جۇڭگو دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتىنىڭ، جۇڭگو دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتىنىڭ، جۇڭگو دېھقان ـ ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيىسىنىڭ، «3 ـ سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتلىرى 17 ـ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيىدا ۋە ج ك پ 15 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن يەنى 5 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ۋە 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ يېتەكچىلىكىدە دوكلات يىغىنى ئۆتكۈزدى. دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ ئەزالىرىدىن 450 كىشى «شىنجاڭ تارىخىنى ئۆگىنىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدايلى» دېگەن تېمىدىكى ۋە «دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتىغا ۋە تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان ھەرىكەت پروگراممىسى» دېگەن تېمىدىكى مەخسۇس دوكلاتلارنى ئاڭلىدى. بۇنىڭ بىلەن دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ ئەزالىرى سوتسىيالىزم، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ماركسىزملىق مىللەت قارىشى، دىن قارىشى، دۆلەت قارىشى، تارىخ قارىشى، مەدەنىيەت قارىشى توغرىسىدا تەربىيىگە ئىگە بولدى.

جاۋ يۈلەن

## جۇڭگو گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى ش ئۇ ئا ر كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى

جۇڭگو گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى 1999 ـ يىلى جەمئىي 5 قېتىم مۇدىرلار ئىش بېجىرىش يىغىنى ئۆتكۈزدى. بۇ يىغىنلارنىڭ مۇھاكىمە قىلىنىدىغان ئاساسلىق تېمىلىرى جۇڭگو گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى ش ئۇ ئا ر 4 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنى ئېچىشنى مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىش، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاۋمېنغا ئىگە بولغان ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىكىنى تەبرىكلەش؛ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى كۆپ پارتىيە ھەمكارلىشىش ۋە سىياسىي مەسلىھەت ئېلىپ بېرىش تۈزۈمىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى پىكرى»نىڭ ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىنى خاتىرىلەش؛ لى دېڭخۇينىڭ «ئىككى دۆلەت سەپسەتىسى»گە رەددىيە بېرىش، لى خۇڭجىنى ۋە ئۇنىڭ «فالۇن گۇڭپىسى» بىدئەت تەشكىلاتىنى تەنقىد قىلىش؛ جۇڭگو گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مەملىكەتلىك ئىلغار ياچېيكىلىرى ۋە مۇنەۋۋەر پارتىيە خىزمىتى خادىملىرىنى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەرنى سايلاپ چىقىش؛ ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش 8 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 3 ـ يىغىنىغا تەكلىپ تەييارلاش ۋە ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مەخسۇس كومىتېتلىرىنىڭ تەركىبىگە كىرىدىغان خادىملارنى مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولدى.

جۇڭگو گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى ش ئۇ ئا ر 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 4 - ئومۇمىي يىغىنى 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 2 - كۈنىگىچە ئېچىلدى، جاڭ جىڭ «تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، نەتىجىلەرنى جارى قىلدۇرۇپ، تىرىشىپ ئۆگىنىپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتايلى» دېگەن تېمىدا خىزمەت دوكلاتى بەردى ۋە «ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتايلى» دېگەن تېمىدا خۇلاسە سۆزى قىلدى. 3 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە بۇ كومىتېتنىڭ 9 ئەزاسى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى بىلەن سوتسىيالىزم ئىنستىتۇتى بىرلىكتە ئاچقان دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ 9 - قارارلىق كۇرسىدا ئوقىدى.

گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ ش ئۇ ئا ر كومىتېتى ۋە بۇ كومىتېتنىڭ ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشكە ئەزا بولغان ئەزالىرى ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 2 - يىغىنىدا «كۆللەرنى قانۇن بويىچە ئوڭشاپ، ئېبنۇر كۆلىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى تېزرەك ئوڭشاپ، شىمالىي شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ سىجىل تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك» دېگەن تېمىدىكى تەكلىپ قاتارلىق 20 تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى.

گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى بىلەن ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش پەن - مائارىپ - مەدەنىيەت - سەھىيە كومىتېتى بىرلىكتە، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ماۋ دېخۇا بىلەن مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى ش ئۇ ئا ر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى جاڭ جىڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە، 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى سانجى، ئۈرۈمچى، خوتەن، قىزىلسۇ قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ۋە بىر قىسىم يېزىلارنىڭ شىنجاڭنى پەن - مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشكە مەبلەغ سېلىش ۋە مەبلەغنى ئىشلىتىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ھەمدە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىگە «(شىنجاڭنى پەن - مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش)كە سېلىنىدىغان مەبلەغنى ئاشۇرۇش ۋە مۇۋاپىق ئىشلىتىش توغرىسىدا تەكلىپ» تاپشۇردى.

1999 - يىلى گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتىغا 31 ئەزا قوبۇل قىلىندى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 42.9 ياش، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي، ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى مەلۇماتلىقلار 817 نى، ئوتتۇرا ئۇنۋانلىقلار 18 بولۇپ، %58نى تەشكىل قىلىدۇ. يىل ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايون بويىچە گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ جەمئىي ئەزاسى 714 بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 58.5 ياش، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي پارتىيە ئەزاسى 186. 1999 - يىلى گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ لوپنۇر ناھىيىلىك ياچېيكىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى تىيانشان رايونلۇق ياچېيكىسى جۇڭگو گومىنداڭ ئىنقىلابىي مەركىزىي كومىتېتى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە ئىلغار ياچېيكا دېگەن نامغا ئېرىشتى، شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى ياچېيكىسىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ ۋېنفۇ مۇنەۋۋەر ئاساسىي قاتلام پارتىيە خىزمەتچىسى دېگەن نامغا ئېرىشتى.

لى جيې

## دېموكراتىيە ئىتتىپاقى ش ئۇ ئا ر كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى

**ئىدىيىۋى قۇرۇلۇش ئەھۋالى**

1999 - يىلى دېموكراتىيە ئىتتىپاقى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى ئىتتىپاق ئەزالىرىنى ج ك پ 15 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 -، 4 - ئومۇمىي يىغىنلىرىنىڭ روھىنى، جياڭ زېمىننىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 78 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنىدا، دۆلەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا شۇنىڭدەك ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىش مۇراسىمىدا سۆزلىگەن نۇتۇقلىرىنى ئۆگىنىشكە ئويۇشتۇرۇپ، ئىتتىپاق ئەزالىرىنىڭ ئىدىيىسىنى مەركەزنىڭ ۋە ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ زور ھەل قىلغۇچ تەدبىرلىرى ئارقىلىق بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ جۇڭگونىڭ يۇگوسلاۋىيە ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنى بومباردىمان قىلغانلىقىنى ئەيىبلەش، لى دېڭخۇينىڭ «ئىككى دۆلەت سەپسەتىسى»نى تەنقىد قىلىش ۋە «فالۇن گوڭ»دىن ئىبارەت قانۇنسىز تەشكىلاتنى بىر تەرەپ قىلىشتىن ئىبارەت 3 سىياسىي كۈرەشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى، ئىتتىپاق ئەزالىرى ئۆگىنىش ۋە تۈرلۈك سىياسىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش ئارقىلىق تونۇشنى ئۆستۈردى، ئىدىيىسىنى بىرلىككە كەلتۈردى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن سىياسىي جەھەتتە بىردەك بولۇش جەھەتتىكى ئاڭلىقلىقنى كۈچەيتتى، كۆپ پارتىيە ھەمكارلىقىنىڭ سىياسىي ئاساسىنى مۇستەھكەملىدى.

**ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش ئەھۋالى** 1999 - يىلى دېموكراتىيە ئىتتىپاقى ش ئۇ ئا ر كومىتېتىنىڭ مەسئۇللىرى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى ئاچقان ھەرخىل سۆھبەت يىغىنلىرىغا، دوكلات يىغىنلىرىغا قاتنىشىپ، كۆپ پارتىيە ھەمكارلىشىش، ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلات، سىياسىي كېڭەش

خىزمىتى توغرىسىدا يېكىر ۋە تەكلىپ بەردى. ئىتتىپاق ئەزالىرى ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلاتنى ۋە سىياسىي كېڭەش خىزمىتىنىڭ خۇلاسىسىنى مۇزاكىرە قىلىش جەريانىدا ھۆكۈمەتنىڭ دېموكراتىك پارتىيە گۇرۇھلار بىلەن بولغان ئالاقىنى قانداق قىلىپ كۈچەيتىش توغرىسىدا، سىياسىي كېڭەشنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى قانداق قىلىپ كۈچەيتىش توغرىسىدا، ئەزالارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش توغرىسىدا مەسلىھەت بەردى ۋە يېكىر - تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جۇ جىڭجۇڭ دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارغا ۋاكالىتەن، ئاپتونوم رايوننىڭ خەلق سىياسىي كېڭەشنى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا سۆز قىلدى. ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 2 - ئومۇمىي يىغىنى مەزگىلىدە، دېموكراتىيە ئىتتىپاقى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئالىي مائارىپ قانۇنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئالىي مائارىپ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرايلى» دېگەن تېمىدا چوڭ يىغىندا يېكىر بايان قىلدى، 5 كوللېكتىپ تەكلىپ، 15 شەخسىي تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇھىت ئاسراش، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، مائارىپ ئىشلىرى توغرىسىدا يېكىر ۋە تەكلىپلەرنى بەردى، ئۇلارنىڭ يېكىر - تەكلىپلىرى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئېتىبارىغا ئېرىشتى.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن دېموكراتىيە ئىتتىپاقى يېزا ئىگىلىكىنى يەن - تېخىمۇ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش جەھەتتە بەزى پايدىلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، «فېڭگاڭىۇ»نى ئومۇملاشتۇرۇش ئاساسىدا، مۇتەخەسسىسلەرنى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا ئەۋەتىپ، يېزا ئىگىلىكىنى يەن - مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىشىغا كۈچ چىقاردى. دېموكراتىك ئىتتىپاقىنىڭ ش ئۇ ئا ر كومىتېتى بىلەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك كومىتېتى بىرلىكتە ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ بەنفاڭگو يېزىسىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ھەمدە دوختۇرلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، بەنفاڭگو يېزىسىنىڭ جوڭلياڭ كەنتىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈردى. سانجى، شىخەنزە شەھەرلىك كومىتېتلار يەن - تېخنىكا خادىملىرىنى تەربىيىلەش، تېببىي خادىملارنى يېزىلارغا ئەۋەتىپ، ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنى داۋالاش قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن خىزمەت ئىشلىدى. شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئىتتىپاق ئەزالىرىدىن بولغان مۇتەخەسسىسلەر يېزىلارغا، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق مەيدانلىرىغا بېرىپ، يېڭى يەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئەمەلىي مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ بەردى.

7 - ئايدا دېموكراتىيە ئىتتىپاقى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى غەربىي قىسمىدىكى 10 ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) بويىچە ئېچىلغان تۇنجى قېتىملىق ئىتتىپاق ئىشلىرى خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىغا 5 ئادەم قاتناشتۇردى.

11 - ئايدا دېموكراتىيە ئىتتىپاقى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى ئىجتىمائىي مۇلازىمەت بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋاڭ ۋېيدوڭ دېموكراتىيە ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شاڭخەيدە ئۆتكۈزگەن «دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ سىياسىي كېڭەش يىغىنلىرىدا يېكىر بايان قىلىش ۋە تەكلىپ بېرىش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى»غا قاتناشتى.

1999 - يىلى دېموكراتىيە ئىتتىپاقى ئەزالىرىدىن 60 نەچچە كىشى يەن - تېخنىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشتى ياكى ھەر دەرىجىلىك ئىلغار خىزمەتچى ۋە مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس بولۇپ باھالاندى.

تەشكىلىي قۇرۇلۇش ئەھۋالى    دېموكراتىيە ئىتتىپاقى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى 1999 - يىلى جەمئىي 7 ئەزا قوبۇل قىلدى، يىل ئاخىرىغا قەدەر ئەزاسىنى 1220گە يەتكۈزدى، ئۆز قارمىقىدا 3 شەھەرلىك كومىتېت، 31 ئاساسىي قاتلام ياچېيكا تەشكىللى قۇردى.

ساۋ شياۋيەن

## دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى ش ئۇ ئا ر كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى

**ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش ئەھۋالى** دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى 1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خ ق دائىمىي كومىتېتى، خەلق ھۆكۈمىتى، سىياسىي كېڭەش ئاچقان دېموكراتىك كېڭىشىش يىغىنىغا، ئەھۋالدىن خەۋەرلەندۈرۈش يىغىنىغا، يېكىر ئېلىش يىغىنىغا ئادەم قاتناشتۇردى. تولۇقسىز مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتىنىڭ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك، شەھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى يۇقىرىقىدەك تۈرلۈك يىغىنلارغا 40 نەچچە قېتىم ئادەم قاتناشتۇرغان، بۇ جەمئىيەتنىڭ ش ئۇ ئا ر كومىتېتى ۋە ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا مەسىلىسى، ھۆكۈمەتنىڭ فۇنكسىيىسى، مەكتەپ مائارىپى، ئومۇمىي مۇلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەسىلىسى، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى قايتا ئىشقا

ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسى، مۇھىت ئاسراش - شەھەر قۇرۇلۇشى مەسىلىسى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەرگە تەكشۈرۈش دوكلاتى، تەكلىپ سۇنغان، ئۇلارنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ، سىياسىي كېڭەشنىڭ يىغىنلىرىدا سۆزلىگەن سۆزى ۋە بەرگەن تەكلىپلىرى 40 نەچچە پارچىگە يەتكەن (ئاپتونوم رايونلۇق، شەھەرلىك تەكلىپلىك مەمۇرىي تەپتىشلەر، تەپتىشلەر ۋە ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش بويىچە باھالىغۇچىلار تاپشۇرغان دوكلات، تەكلىپلەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، بۇ تەكلىپلەردىن «قاراماي شەرقىي يولىدىكى قائىدىگە خىلاپ قۇرۇلۇشلارنى چېقىش» توغرىسىدىكى تەكلىپ قاراماي شەھەرلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان.

دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتىنىڭ ش ئۇ ئا ر كومىتېتى ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 2 - يىغىنىغا 6 تەكلىپ سۇندى، چوڭ يىغىنغا بىر نۇسخا پىكىر سۇندى. دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتىنىڭ ئۈرۈمچى شەھەرلىك كومىتېتى شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشكە 3 پارچە كوللېكتىپ تەكلىپ، 9 پارچە شەخسىي تەكلىپ سۇندى. جەمئىيەت ئەزاسى لى جۇڭ 1999 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىلى دېگەن نامغا ئېرىشتى.

**ئۆز قۇرۇلۇشى ئەھۋالى** دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتىنىڭ ش ئۇ ئا ر كومىتېتى 1999 - يىلى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېت 2 - يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتىنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش مەملىكەتلىك خىزمەت يىغىنىنىڭ، دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى 7 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت دائىمىي كومىتېتى 8 - يىغىنىنىڭ، دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى 11 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايوننىڭ 1999 - يىللىق تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىنىڭ، دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى 7 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ۋە ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ مۇناسىۋەتلىك يىغىنلىرىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى ۋە ئۆگەندى. «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى كۆپ پارتىيە ھەمكارلىشىش سىياسىي مەسلىھەت ئېلىپ بېرىش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى پىكرى» (ج ك پ م [1999] 14 - نومۇرلۇق) ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «ج ك پ 15 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى قارارى»نى ۋە «رەھبەرلىك كوللېكتىپى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، زاپاس كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش توغرىسىدىكى پىكىر»نى ئۆگەندى.

1999 - يىل 5 - ئايدا ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى جۇڭگونىڭ يۇگوسلاۋىيە ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنى ۋەھشىيلەرچە بومباردىمان قىلغاندا، دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتىنىڭ ش ئۇ ئا ر كومىتېتى جىددىي يىغىن ئېچىپ، ش ئا ئە ت نىڭ بۇ ۋەھشىيانە ھەرىكىتىنى ئەيىبلەپ، ھۆكۈمىتىمىزنىڭ ھەققانىي مەيدانىنى قەتئىي ھىمايە قىلدى، يەنە ئۆزىنىڭ بارلىق ئەزالىرىغا ۋاكالىتەن ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىغا قاتتىق ئېتىراز بىلدۈرۈپ تېلېگرامما ئەۋەتتى. «فالۇن گۇڭ پىرقىسى»نى تەنقىد قىلىش جەريانىدا، 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى كېڭەيتىلگەن يىغىن ئېچىپ، يىغىننىڭ «مۇھىم خاتىرە» سىنى تارقاتتى، ش ئۇ ئا ر كومىتېتىغا قاراشلىق ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلار ۋە ئەزالاردىن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن قەتئىي بىردەك بولۇشنى تەلەپ قىلدى. 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى كېڭەيتىلگەن يىغىن ئېچىپ، لى دېڭخۇينىڭ ۋەتەننى پارچىلايدىغان، ۋەتەننىڭ تىنچ بىرلىككە كېلىشىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان جىنايى ھەرىكەتلىرىنى قاتتىق ئەيىبلىدى ۋە ئېچىپ تاشلىدى.

**تەشكىلىي قۇرۇلۇش ئەھۋالى** دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى 1999 - يىلى 8 ئەزا قوبۇل قىلدى، يىل ئاخىرىغا قەدەر ئەزاسىنى 359غا يەتكۈزدى، 7 بىۋاسىتە قاراشلىق گۇرۇپپا، 25 ياچېيكا، بىر شەھەرلىك كومىتېت تەسىس قىلدى.

ساۋ شياۋيەن

## دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى ش ئۇ ئا ر كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى

**ئىدىيىۋى قۇرۇلۇش ئەھۋالى** دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى 1999 - يىلى بارلىق ئەزالىرىنى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى، ج ك پ 15 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ھۆججەتلىرىنى ۋە دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ھۆججەتلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردى. 3 چوڭ سىياسىي كۈرەشتە دىلىغۇل بولماي، توغرا مەيداندا چىڭ تۇرۇپ، جياڭ زېمىن

پادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىرلىرىنى قەتئىي ھىمايە قىلدى، دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەلىپى بويىچە ئۆز ئەزالىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ھۆججەتلىرىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى ۋە چوڭقۇر ئۆزلەشتۈردى. «شىنجاڭ دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش» ژۇرنىلىدىن 5 سان نەشر قىلدى. «ۋەتەننى سۆيۈش، شىنجاڭنى سۆيۈش» مەزمۇن قىلىنغان تۈمەن مېتىر ھۆسنخەت ـ رەسىم ئىجادىيىتى پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. 9 ـ ئايدا، «ۋەتەننى سۆيۈش، سوتسىيالىزمنى سۆيۈش ئاساسىي تېما قىلىنغان فوتو سۈرەت، ھۆسنخەت، رەسىم كۆرگەزمىسى ئاچتى، 12 ـ ئايدا، ئاۋمېنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈۋېلىش بىرلەشمە دوستلۇق يىغىنى ئۆتكۈزدى.

ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش ئەھۋالى 1999 ـ يىلى دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتىنىڭ ش ئۇ ئا ر كومىتېتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك كومىتېتى، شىخەنزە شەھەرلىك كومىتېتى 2 دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا، سىياسىي كېڭەشكە 20 نەچچە پارچە تەكلىپ لايىھىسى، تەكلىپ، تەۋسىيە، تەكشۈرۈش دوكلاتى سۇندى، بۇنىڭ ئىچىدە «بۇغدا كۆلىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى قوغداشقا ئەھمىيەت بېرەيلى»، «تېرىقچىلىق كەسپىنى تەڭشەش كېرەك» دېگەنگە ئوخشاش تەكلىپلەر مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ ئېتىبارىغا ئېرىشتى ھەمدە ياخشى باھاغا ئىگە بولدى.

تەشكىلىي قۇرۇلۇش ئەھۋالى دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتىنىڭ ش ئۇ ئا ر 3 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى ئۆزىنىڭ 7 ـ، 8 ـ ئومۇمىي يىغىنلىرىنى ئېچىپ، «جۇڭگو دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ خىزمەت قائىدىسى»، «ئاساسىي قاتلام تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى بىر قانچە پىكىر»، «تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى ئۇيۇشتۇرۇش جەھەتتىكى مۇناسىۋەتلىك تەلەپ ۋە ئىنتىزام توغرىسىدىكى بەلگىلىمە» قاتارلىق قائىدىلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، تەشكىلىي قۇرۇلۇشنى پەيدىنپەي ياخشىلىدى ۋە تاكامۇللاشتۇردى.

6 ـ ئايدا ئورگان مەسئۇلى دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى مەركىزىي كومىتېتى شاڭخەيدە ئاچقان ئورگان قۇرۇلۇشى خىزمىتى بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا قاتناشتى.

8 ـ ئايدا دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى ش ئۇ ئا ر كومىتېتىنىڭ ئورگىنى دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى گەنسۇدا ئاچقان غەربىي شىمالدىكى 4 ئۆلكە ـ ئاپتونوم رايوننىڭ «ئىقتىسادىي تەرەققىيات مۇھاكىمە يىغىنى»غا ئادەم ئەۋەتىپ قاتناشتۇردى.

دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتىنىڭ ش ئۇ ئا ر كومىتېتى 1999 ـ يىلى 5 ئەزا قوبۇل قىلدى، يىل ئاخىرىغا قەدەر ئەزاسىنى 553كە يەتكۈزدى، 2 شەھەرلىك كومىتېت ۋە 42 ياچېيكا، 5 گۇرۇپپا قۇردى، ئۇنىڭ ئەزالىرى ئىچىدە ئوتتۇرا، ئالىي ئوقۇتقۇچىلار ئومۇمىي ئەزالارنىڭ %82نى تەشكىل قىلىدۇ، مۇشۇ بىر يىلدا شىنجاڭ سوتسىيالىزم ئىنستىتۇتىدا 4 ئادەم ئوقۇتتى.

جېڭ ۋېن

## دېھقان ـ ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيىسى ش ئۇ ئا ر كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى

1999 ـ يىلى دېھقان ـ ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيىسى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىغا دائىر بىرقانچە زور مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى»نى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرىدىكى ئەزالىرىدىن دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن مەسلىھەت بېرىش ۋە كۈچ چىقىرىشنى تەلەپ قىلدى. دېھقان ـ ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيىسى ش ئۇ ئا ر كومىتېتىنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى لى خۇڭجىنى ۋە ئۇنىڭ «فالۇن گۇڭپىسى»نى ئاكتىپلىق بىلەن پاش قىلدى ۋە سۆكتى، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى ش ئا ئە ت نىڭ جۇڭگونىڭ يۇگوسلاۋىيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنى بومباردىمان قىلغانلىقىغا قاتتىق ئېتىراز بىلدۈردى، لى دېڭخۇينىڭ «ئىككى دۆلەت» سەپسەتىسىنى تەنقىد قىلدى. 5 ـ ئايدا ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، كەڭ ئەزالاردىن ۋۇ دېڭيۇننىڭ ئىلغار ئىش ـ ئىزلىرىنى ئۆگىنىپ، چېگرا رايون قۇرۇلۇشىغا ئۆزىنىڭ كۈچىنى تەقدىم قىلىشنى تەلەپ قىلدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن «شىنجاڭ گېزىتى»دە خاتىرىلەش ماقالىسى ئېلان قىلىپ، كۆپ پارتىيە ھەمكارلىقىنىڭ ئۇلۇغ نەتىجىلىرىنى كەڭ دائىرىدە سۆزلىدى. ئاۋمېنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشى مۇناسىۋىتى بىلەن كۆپ خىل شەكىلدىكى تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزدى.

دېھقان ـ ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيىسىنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى 1999 ـ يىلى سىياسىي كېڭەشنىڭ يىغىنىدا 30 پارچىدىن ئارتۇق تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ ئېتىبارىغا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە سانجى شەھەرلىك كومىتېتتىن لۇ رۇڭدۇڭ ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ سانجى ئوبلاستى بويىچە مۇنەۋۋەر تەكلىپ مۇكاپاتىغا

ئېرىشتى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيىدا دېھقان - ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيىسى ئۈرۈمچى شەھەرلىك كومىتېتى بىلەن شىخەنزە شەھەرلىك كومىتېتى تېببىي مۇتەخەسسىسلەرنى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا ياكى كوچا - مەھەللىلەرگە ئەۋەتىپ، خالىسانە نەسلىھەت بېرىش ئىشىنى ئېلىپ بېرىپ، ئامما ئارىسىدا كېسەللىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاشقا دائىر مەخسۇس بىلىملەرنى تەشۋىق قىلدى. دېھقان - ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيىسى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى مانجى ئوبلاستلىق كومىتېت بىلەن بىرلىكتە ئەيدىز كېسەللىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە ئىلمىي لېكسىيە ئۇيۇشتۇردى.

1999 - يىلى دېھقان - ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيىسى 9 ئەزا قوبۇل قىلدى، يىل ئاخىرىغا قەدەر ئۇنىڭ ئەزاسى 333كە يەتتى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 8 . 51 ياش، ئۇنىڭ ئەزالىرىدىن ئوتتۇرا، ئالىي ئۇنۋانى بارلار 284، ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەشلەرنىڭ ئەزاسى بولغانلار 18، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىلى بولغانلار 3، تەكلىپلىك تەپتىش بىر، تەكلىپلىك مەمۇرىي تەپتىش 3، مائارىپ مۇپەتتىشى بىر، ساھە ئىستىلىنى باھالىغۇچى 4.

خې جۇاڭ

## «3 - سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتى ش ئۇ ئا ر كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى

ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش ئەھۋالى 1999 - يىلى «3 - سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتى ش ئۇ ئا ر كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى ئاچقان سۆھبەت يىغىنلىرىغا، كېڭىشىش - سۆزلىشىش، ئەھۋالدىن خەۋەرلەندۈرۈش يىغىنلىرىغا كۆپ قېتىم قاتنىشىپ، «3 - سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتىگە ۋاكالىتەن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بەزى چوڭ - چوڭ مەسىلىلەر توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 2 - ئومۇمىي يىغىنىدا مۇدىر گۇلڭ جىندۇڭ «يېزا ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، يېزا ئىقتىسادىنى جانلاندۇرايلى» دېگەن تېمىدا سۆز قىلدى. «3 - سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ش ئۇ ئا ر كومىتېتى يىغىنغا كوللېكتىپنىڭ نامىدا 6 تەكلىپ سۇندى، شەخسلەرنىڭ نامىدا 32 تەكلىپ سۇندى.

3 - ئايدا «3 - سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى مەخسۇس كومىتېتلار مەسئۇللىرى يىغىنى ئېچىپ، ش ئۇ ئا ر كومىتېتىنىڭ 1999 - يىلى ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشتا يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتىنى مۇھىم نۇقتا قىلىشنى بەلگىلەپ، ئۆزىنىڭ پەن - تېخنىكا، مائارىپ قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئىختىساسلىق خادىملار ئۈستۈنلۈكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت مەركەزنى يېقىن دەۋرىي قىلىپ، ماكرولۇق خاراكتېرغا، ئالدىن كۆرەرلىككە ئىگە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى كەسىپ ئۈستۈنلۈكىگە ئايلاندۇرۇش، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇش ئۈستىدە نۇقتىلىق ھالدا كۆپلەپ تەكلىپ بەردى.

ئۆز قۇرۇلۇشى ئەھۋالى

«3 - سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ش ئۇ ئا ر كومىتېتى «3 - سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۆرسەتمىسىگە بىنائەن، ئۆگىنىشنى كۈچەيتىشنى 1999 - يىللىق خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلدى ھەمدە ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرىغا «ئۆگىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، بارلىق ئەزالارنى پۈتۈن مەملىكەتتىكى مۇنەۋۋەر زىيالىيلارنىڭ ۋەكىلى ۋاڭ شۈەندىن ئۆگىنىشكە چاقىردى.

ئۆز ئەزالىرىنىڭ يېڭى ۋەزىيەتتىكى ئىدىيىۋى ئەھۋالىنى چۈشىنىش ۋە ئىگىلەش، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ [1989] 14 - نومۇرلۇق ھۆججىتى ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، «تەكشۈرۈش سوئاللىرى» شەكلى بىلەن ئەزالىرىنى ئارىلاپ تەكشۈردى ھەمدە تەپسىلىي تەكشۈرۈش دوكلاتى يازدى؛ «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى كۆپ پارتىيە ھەمكارلىشىش ۋە سىياسىي مەسلىھەت ئېلىپ بېرىش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى پىكرى»نى شۇنىڭدەك «3 - سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم ھۆججەتلىرىنى «ھۆججەتلەر توپلىمى» قىلىپ، ئەزالارنىڭ ئۆگىنىپ ئىزچىللاشتۇرۇشى ئۈچۈن ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلارغا تارقاتتى.

«3 - سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئۈرۈمچى شەھەرلىك كومىتېتى بىلەن شىخەنزە شەھەرلىك كومىتېتىدا ۋە چوڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىدا ئۇچۇرچىلار قوشۇنى قۇرۇلدى.

«3 - سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتى ش ئۇ ئا ر كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى مەركىزىي گۇرۇپپا ئۆگىنىش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، مۇدىر، دائىمىي كومىتېت ئەزالىرىنىڭ ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلىشتىن ئىلگىرى نەزەرىيە ئۆگىنىدىغان ۋە مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلەرنى ئۆگىنىدىغان

بولدى. 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بۇ كومىتېت 11 ئەزا قوبۇل قىلدى، ئەزالىرىنىڭ ئومۇمىي سانىنى 551گە يەتكۈزدى.

شۇ خۇاڭ

# مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى

## ئاپتونوم رايونلۇق مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى بويىچە خۇلاسىلەش، تەقدىرلەش يىغىنى

بۇ يىغىن 1999 - يىل 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە ئېچىلدى. يىغىنغا ئاپتونوم رايون بويىچە 12 ۋىلايەت، ئوبلاست، 19 شەھەر ۋە بىر قىسىم ناھىيىلەرنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا مەسئۇل رەھبەرلىرى، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئىشخانىلىرىنىڭ مۇدىرلىرى بولۇپ جەمئىي 100دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. يىغىندا ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قېيۇم باھاۋۇدىن مۇھىم سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 2 يىلدىن بۇيانقى مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش خىزمىتى يەكۈنلەندى، ئامما ياراتقان يېڭى تەجرىبىلەر ئالماشتۇرۇلدى، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت ئۈستىدە ئېنىق تەپەككۇر ۋە تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. يىغىن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 7 مەدەنىي شەھەر (كورلا، ئۈرۈمچى، ئاقسۇ، قاراماي، شىخەنزە، كۈيتۇڭ، سانجى) نى، 4 مەدەنىي رايون (ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يېڭىشەھەر رايونى، سايباغ رايونى، تيانشان رايونى، قاراماي شەھىرىنىڭ مايتاغ رايونى) نى، 5 مەدەنىي ناھىيە (ماناس، ئۈرۈمچى، پىچان، ساۋەن، كۈنەس) نى، مەدەنىيلىك قۇرۇلۇش جەھەتتىكى 5 ئىلغار شەھەر (غۇلجا، بورتالا، ئالتاي، قۇمۇل، تۇرپان، قەشقەر) نى، 15 ئىلغار ناھىيە (بۇرچىن، كۆكتوقاي، قابا، چاغانتوقاي، نىلقا، جىڭ، جىمسار، پوسكام، قەشقەر يېڭىشەھەر، خوتەن، چىرا، ئاۋات، ئۇنسۇ، چەرچەن، ئۇلۇغچات) نى نام بېرىپ تەقدىرلىدى. ئاپتونوم رايون مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ جاڭ يۇخې قاتارلىق 101 نەپەر باشلامچىسىنى نام بېرىپ تەقدىرلىدى ھەمدە ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە مىس مېدال ۋە 2000 يۈەن پۇل مۇكاپات بەردى.

شۇ چاڭچۈن

## مەدەنىي ساھە بەرپا قىلىش

ش ئۇ ئا ر مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى يېتەكچىلىك كومىتېتى 1999 - يىلى سىستېمىلارغا ئايرىش، تەشكىلات قۇرۇش، پىلان تۈزۈش، مەسئۇلىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، بارلىق خادىملارنى سەپەرۋەر قىلىش، ئەستايىدىل باھالاش، مۇكاپاتلاش - جازالاشتا قاتتىق بولۇش تەرتىپىگە ئاساسەن، سوت، پۇل مۇئامىلە، مېتېئورولوگىيە، تۆمۈر يول، سودا - سانائەت، باج سىستېمىلىرىدا مەدەنىي ساھە بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى نۇقتىلىق ئېلىپ باردى. تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئارقىلىق، سودا - سانائەت بانكىسىنىڭ بايىنغولىن تارمىقى، ئۈرۈمچى يەرلىك باج ئىدارىسى، قۇرۇلۇش بانكىسى ئۈرۈمچى تارمىقىنىڭ تىجارەت بۆلۈمى، ش ئۇ ئا ر مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى سىستېمىسى قاتارلىق ئورۇنلارغا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 1 - تۈركۈم مەدەنىي ساھە دەپ نام بېرىلدى.

شۇ چاڭچۈن

## مەدەنىي ئورۇن بەرپا قىلىش

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلىرى مەدەنىي ئورۇن بولۇشقا ئىلتىماس قىلغان ئورۇنلارنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش تۈزۈمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەدەنىي ئورۇن بولۇشقا ئىلتىماس قىلىش جەدۋىلىنى، شۇ ئورۇنلارنىڭ ئۆزىنى ئۆزى تەكشۈرۈپ يازغان دوكلاتلىرىنى، چولڭ ئىشلار خاتىرىسىنى تەكشۈرۈپ، ئۆتكۈزۈۋېلىش ئىشىنى كۈچەيتتى. ئىدىيە - ئەخلاق تەربىيىسى ۋە پەن - مەدەنىيەت تەربىيىسىنى تازا كۈچەيتتى. ھەربىر مەدەنىي ئورۇندىن ھەر ئايدا كەم دېگەندە بىر قېتىم ئىدىيە - ئەخلاق تەربىيىسى پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇشنى، ھەر پەسىلدە كەم دېگەندە بىر قېتىم مۇھىتنى تۈزەش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇشنى، ھەر پەسىلدە كەم دېگەندە بىر قېتىم پەن - تېخنىكا - مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ ئۆستۈرۈلۈش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشنى ھەمدە قېلىپلاشقان مەشغۇلات ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى تەكشۈرۈپ سىناش دائىرىسىگە كىرگۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىنىڭ مەدەنىي ئورۇن بەرپا قىلىش ئۇسۇلىنى ۋە مەزمۇنلىرىنى ياخشىلىدى، مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىدىن مەدەنىي ئورۇن بەرپا قىلىش خىزمىتىنى كىچىك بۆلەكلەر دائىرىسىدە ئومۇمىيۈزلۈك مەدەنىي ئورۇن بەرپا قىلىش خىزمىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ھەممە جەھەتتە مەدەنىيلىك بەرپا قىلىشنى ئۇلدىن باشلاشنى تەلەپ قىلدى. بۇ ئىش ئۈرۈمچى شەھىرىدە نۇقتىدا سىناق قىلىندى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك مەنىۋى - مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش ئىشخانىسى شەھەرگە قاراشلىق بارلىق مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىنى باشقىدىن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى. بۇنىڭ بىلەن مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىنىڭ مەدەنىي شەھەر رايونى، مەدەنىي

مەھەللە بەرپا قىلىشتىكى رولى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇلدى.

شۇ چاڭچۈن

## مەنىۋى مەدەنىيلىك بويىچە ئۈچىنى بەرپا قىلىش خىزمىتى مەركىزىي مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى يېتەكچىلىك كومىتېتى تەرىپىدىن تەقدىرلەندى

1999 - يىلى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى ھارپىسىدا مەركىزىي مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى يېتەكچىلىك كومىتېتى 4 ئىلغار ئورۇن (مەملىكەت بويىچە مەدەنىي شەھەر بەرپا قىلىش خىزمىتىدە ئىلغار شەھەر، مەدەنىي بازار، كەنت بەرپا قىلىشتا ئىلغار ناھىيە، بازار، كەنت، مەدەنىي ساھە بەرپا قىلىشتىكى ئىلغار ئورۇن، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ئورۇن) لارنى تۈنجى قېتىم تەقدىرلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 2 شەھەر، 14 ناھىيە، بازار، كەنت، 16 مەدەنىي كۆزنەك، 15 مەدەنىي ئورۇن مۇشۇ شەرەپكە ئېرىشتى.

شۇ چاڭچۈن

### قوشۇمچە

مەملىكەت بويىچە مەدەنىي شەھەر بەرپا قىلىش خىزمىتىدىكى ئىلغار شەھەرلەر:

كورلا شەھىرى، ئۈرۈمچى شەھىرى.

مەملىكەت بويىچە مەدەنىي بازار، كەنت بەرپا قىلىشتىكى ئىلغار ناھىيە (شەھەر)، بازار، كەنتلەر:

ماناس ناھىيىسى، ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ چىداۋان يېزىسى، ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ ئېرگۈلۈڭ يېزا باجياخۇ كەنتى، بورتالا شەھىرى بىلىن خارمودۇن يېزىسى جۇكىن كەنتى، پىچان ناھىيىسى پىچان بازىرى، ساۋەن ناھىيىسى يەنسىخەي بازىرى، شىخۇ شەھىرى خاتۇبۇخ بازىرى، لوپنۇر ناھىيىسى شىڭپىڭ يېزىسى داش كەنتى، ئاقسۇ شەھىرى قاراتال بازىرى، قاغىلىق ناھىيىسى باغۋەنچىلىك مەيدانى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 5 - شىنىڭ 89 - تۇەن - مەيدانى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 1 - شى 1 - تۇەن - مەيدانىنىڭ 7 - ليەنى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 2 - شى 29 - تۇەن - مەيدانىنىڭ 16 - ليەنى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 8 - شى 121 - تۇەن - مەيدانىنىڭ 19 - ليەنى.

مەدەنىي ساھە بەرپا قىلىشتىكى ئىلغار ئورۇنلار:

ئۈرمچى شەھەرلىك يېقىلغۇ گاز باش شىركىتى ئىستېمالچىلارنى باشقۇرۇش ئورنى، ئۈرۈمچى يولۇچىلار ترانسپورت ئۆچاستكىسى 69/70-قېتىملىق پويىزى، چۆچەك تاشيول باش ئۆچاستكىسى، سۇچىلىق نازارىتى ماناس دەريا ۋادىسى باشقارمىسى، قونجىراپ تاموژنىسى، قاراماي شەھەرلىك يەرلىك باج ئىدارىسىنىڭ جەرەنبۇلاق شۆبىسى، شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى 2/χ09010 نۆۋەتچى ئايروپىلانى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا - سانائەت ئىدارىسىنىڭ سايباغ رايونلۇق شۆبىسى، شىنجاڭ غەربىي يۇرت خەلقئارا ساياھەتچىلىك كوپېراتىپى، شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى، شىنجاڭ دوستلۇق چەكلىك شىركىتى، ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي تۇلۇڭ ئىدارىسىنىڭ تىجارەت ئورنى، ش ئۇ ئا ر پاختا - چىگە شىركىتى داخىيەن پاختا - چىگە 2 - دەرىجىلىك پونكىتى، بىڭتۇەن تەمىنات - سودا كوپېراتىپىنىڭ پاختا - چىگە شىركىتى، ئۈرۈمچى تاموژنىسىنىڭ ئايرودرومدا تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىسى، شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى بېلەت سېتىش ئورنى.

مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ئورۇنلار:

ئۈرۈمچى شەھەرلىك يەرلىك باج ئىدارىسىنىڭ ئورگىنى، ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، ماناس ئېلېكتر ئىستانسىسى، شىنجاڭ «تۇنخې» گۆرۈھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، ئاقسۇ «توفبىڭ» يىنىك سانائەت توقۇمىچىلىق گۆرۈھى شىركىتى، چۆچەك شەھەرلىك تۇرۇبا سۇيى شىركىتى، ئۆلۈغچات ناھىيىلىك «خەلق» دوختۇرخانىسى، شىخەنزە شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى، شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ نېفىت ئېلىش 2 - زاۋۇتى، ئالتاي ۋىلايەتلىك يولۇچى ترانسپورت باش بېكىتى، جۇڭگو سودا - سانائەت بانكىسى بايىنغولىن شۆبىسىنىڭ ئورگىنى، قۇمۇل تاشيول باش ئۆچاستكىسى، شىنجاڭ ئىلى ئالاھىدە ھارىقى ئوقەتچىلىك ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 1 - شىنىڭ 12 - تۇەن - مەيدانى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 7 - شىنىڭ 123 - تۇەن - مەيدانى.

## ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى كۆرگەزمىسى

ش ئۇ ئا ر مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى يېتەكچىلىك ئىشخانىسى 1999 - يىل 4 - ئايدا شىنجاڭ خەلقئارا كۆرگەزمە مەركىزى قاتارلىق ئورۇنلار بىلەن بىرلىكتە «كەلگۈنگە تاقابىل تۇرۇش روھىغا مەدھىيە» ناملىق چوڭ تىپتىكى سۈرەت كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈپ، 230 كاتەككە تىزىلغان 330 فوتو سۈرەتنى كۆرگەزمە قىلدى، كۆرگەزمىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغانلار 100 مىڭدىن ئاشتى. ھەر قايسى ئورۇنلار يەنە سۆھبەت ئۆتكۈزۈش، مۇزاكىرە قىلىش، ماقالە يېزىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق كەڭ دائىرىلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ باردى. 10 - ئايدا ش ئۇ ئا ر مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى يېتەكچىلىك ئىشخانىسى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى سېپىدە مەيدانغا

كەلگەن ئىلغار شەخسلەرنى يېغىپ، مۇتەخەسسىسلەرگە ئۇلارنىڭ ھەيكىلىنى ياساتتى ھەمدە قەشقەردە ۋە ئۈرۈمچىدە سەيپار، ھەيكەل كۆرگەزمىسى ئاچتى، 100 مىڭدىن ئارتۇق كىشى كۆرگەزمىنى كۆردى.

شۇ چاڭچۈن

## «ۋەتەنگە مۇھەببىتىم، ۋەتەنگە جاۋابىم» دېگەن تېمىدىكى سۆز مۇسابىقىسى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شەھەر، يېزىلىرىدىكى ھەرقايسى ئورۇنلار تۈۋەندىن يۇقىرىغىچە ئومۇميۈزلۈك ھالدا «ۋەتەنگە مۇھەببىتىم، ۋەتەنگە جاۋابىم» دېگەن تېمىدا كەڭ دائىرىلىك سۆز مۇسابىقىسى ئېلىپ باردى. 9 - ئاينىڭ 20 — 23 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە تەكرار مۇسابىقە ۋە ھەل قىلغۇچ تېلېۋىزىيە مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 14 ۋىلايەت، ئوبلاست شۇنىڭدەك بىڭتۈەن، ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلار، چوڭ شىركەتلەردىن 17 كوماندىدىن 57 ماھىر خەنزۇ تىلى مەيدانىغا ۋە ئۇيغۇر تىلى مەيدانىغا بۆلۈنۈپ مۇسابىقىلەشتى، نەتىجىدە ئالتە 1 -، 2 -، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپات، 10 كوللېكتىپ مۇكاپات باھالاپ چىقىلدى. بۇ قېتىمقى سۆز مۇسابىقىسى 2 يىل داۋام قىلدى، بۇ ئاپتونوم رايون بويىچە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئېلىپ بېرىلغان ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى پائالىيىتىدە كۆلىمى ئەڭ زور، قاتناشقۇچىلار ئەڭ كۆپ بولغان بىر قېتىملىق مۇسابىقە ھېسابلىنىدۇ. تولۇقسىز مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، ئاپتونوم رايون بويىچە 9370 مەيدان سۆز مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلۈپ، 37 مىڭ 908 نەپەر ماھىر نۇتۇق سۆزلىگەن، بىۋاستە ئاڭلىغۇچىلار 1 مىليون 310 مىڭغا يەتكەن، بۇ پائالىيەت ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنىڭ چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇشىنى ئىلگىرىلىتىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئورۇنلار يەنە «دۆلەت بايرىمىنى تەبرىكلەش، ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈۋېلىش»نى چۆرىدەپ، كۆپ خىل شەكىلدىكى ئىش ئورنىدا ئۇنۇم يارىتىش، ئىش ئورنىدا سوۋغا تەقدىم قىلىش بويىچە ئەمگەك مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرۇپ، ساھەلەردە يېڭى ئىستىل تىكلەش، كارخانىلاردا ئۇنۇمنى ئاشۇرۇش، يېزىلاردا ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش، مەكتەپلەردە ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش قاتارلىق بىر قاتار پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە خەلقنى ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتىنى ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇش ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا پائال قاتنىشىشقا ئىلھاملاندۇرغان.

شۇ چاڭچۈن

## 19 شەھەر «بەشنى 21 - ئەسىرگە ئېلىپ كىرمەسلىك» قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق يولغا قويدى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 19 شەھەر ش ئۇ ئا ر مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى يېتەكچىلىك كومىتېتى ئوتتۇرىغا قويغان «شەھەرنىڭ پاتقاق كوچىلىرىنى، يول ئىگىلەپ تىجارەت قىلىشنى، ئورۇنلارنىڭ كۆكەرتىلمىگەن قورۇلىرىنى، ئاق بۇلغىمىلارنى، بازاردىكى مەينەتچىلىك، قالايمىقانچىلىق، ناچارلىقنى» 21 - ئەسىرگە ئېلىپ كىرمەسلىك دېگەن نىشان بويىچە، «ئەخلەتنى خالىتىلاشتۇرۇش، يوللارنى بوشىتىش، مۇھىتنى گۈزەللەشتۈرۈشتىن ئىبارەت» 3 چوڭ جەڭ ۋە 10 چوڭ مەخسۇس تۈزەشنى داۋاملىق ئېلىپ بېرىپ، شەھەر باشقۇرۇش سالمىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ، شەھەرنىڭ پاكىزلىنىش، يېشىللىنىش، گۈزەللىنىش، قاتتىقلىنىش، سۈزۈكلىشىش دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، دۆلەت بايرىمىنى تەبرىكلەش مەزگىلىدە ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە خەلققە ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىپ بەردى. ش ئۇ ئا ر مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى يېتەكچىلىك ئىشخانىسى كۈيتۇڭ، قاراماي، شىخەنزە قاتارلىق جايلارنىڭ مۇھىتىنى ئوڭشاش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. ئۈرۈمچى شەھىرى، كورلا شەھىرى شۇنىڭدەك ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ باشقا بارلىق شەھەر - بازارلىرى مەركەزلىك تۈزەش ئارقىلىق، مۇھىتنى ياخشىلاش جەھەتتە ئالاھىدە ئىلگىرىلىدى. مەركىزىي مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى يېتەكچىلىك كومىتېتى تەرىپىدىن يولغا قويۇلغان «ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش، مەدەنىي، يېڭى ئىستىلنى تەشەببۇس قىلىش» پائالىيىتىدىمۇ خېلى ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

شۇ چاڭچۈن

## «يۈز ناھىيە، مىڭ يېزا تەشۋىقات - مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى» باشلاندى

1999 - يىلى مەركىزىي مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى يېتەكچىلىك ئىشخانىسى مەركەز دەرىجىلىك مەدەنىيەت ئىشلىرى قۇرۇلۇشى خىراجىتى ئارقىلىق مەملىكەت بويىچە 100 نامرات ناھىيىنىڭ تەشۋىقات - مەدەنىيەت مەركىزى قۇرۇشىغا ياردەم بېرىشنى قارار قىلىپ، 1 - تۈركۈمدە ئاپتونوم رايونىمىزغا 16 كۆرسەتكۈچ بەردى، كۆرسەتكۈچكە كىرگەن ھەر بىر ناھىيە، يېزىغا 125 مىڭ يۈەن بەردى، ئۇنىڭغا يانداشتۇرۇپ ئىشلىتىلىدىغان 125 مىڭ يۈەن مەبلەغ

ئاپتونوم رايون مالىيىسىدىن ۋە يەرلىك مالىيىدىن بېرىلىدىغان بولدى. مەركىزىي مەنىۋى مەدەنىيلىك قورۇلۇشى يېتەكچىلىك ئىشخانىسىنىڭ «يۈز ناھىيە، مىڭ يېزا تەشۋىقات، مەدەنىيەت مەركىزى قورۇلۇشى»نى يولغا قويۇش تەلىپى بويىچە، ئاپتونوم رايون بۇ خىزمەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئەستايىدىل چىڭ تۇتتى. ش ئۇ ئا ر مەنىۋى مەدەنىيلىك قورۇلۇشى يېتەكچىلىك ئىشخانىسى مۇشۇ قورۇلۇش ئېلىپ بېرىلىدىغان 16 يېزا - بازارنى تاللاپ مەلۇم قىلدى، ئالدىنقى قارارلىق ماتېرىياللىنى تەييارلاپ، قورۇلۇشنىڭ چېرتيوژلىرىنى بىر تۇتاش لايىھىلەپ، پىلاندىكى مەبلەغنىڭ 2 مىليون يۈەننى ئەمەلىيلەشتۈردى. يىل ئاخىرىغىچە 16 يېزا - بازاردىن 13 يېزىنىڭ تەشۋىقات - مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ قورۇلۇشى ئاساسىي جەھەتتىن پۈتتى. قالغانلىرىنىڭ قورۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ.

شۇ چاڭچۈن

# تاشقى ئىشلار، مۇھاجىرلار ئىشلىرى

## ئاپتونوم رايونىمىزدىن ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن چەت ئەللەرگە چىقىش ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن رايونلىرىغا بېرىش ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىن 17 مىڭ 206 ئادەم (قېتىم) ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن چەت ئەلگە چىقتى ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن رايونلىرىغا باردى، ئۇلار 81 دۆلەت ۋە رايوننى زىيارەت قىلدى، چەت ئەلگە چىققانلارنىڭ ئومۇمىي سانى 1998 - يىلدىكىدىن %0.7 كۆپ بولدى. بۇلاردىن مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ۋە قوشنا دۆلەتلەرگە بارغانلار 14 مىڭ 708 ئادەم (قېتىم) بولۇپ، چەت ئەلگە چىققانلار ئومۇمىي سانىنىڭ %85.5نى ئىگىلەيدۇ، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرگە بارغانلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، پاكىستان، گېرمانىيە، ئامېرىكا، موڭغۇلىيە، ياپونىيىلەرگە بارغانلار كۆپرەك بولدى. چەت ئەلگە چىققانلار ئاساسەن ئىقتىساد، سودا پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى، ئۇنىڭدىن قالسا، چەت ئەلگە مال ئاپارغان، تەكشۈرۈش ئۈچۈن بارغانلارمۇ بەلگىلىك نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ، شياڭگاڭ، ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونلىرىغا بېرىپ سودا بىلەن شۇغۇللانغان، تەلىم - تەربىيە ئالغانلار 535 ئادەم (قېتىم)غە يەتتى. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى نازارەت (ئىدارە) دەرىجىلىك كادىرلاردىن چەت ئەلگە چىققانلار 289 ئادەم (قېتىم) بولۇپ، چەت ئەلگە چىققانلار ئومۇمىي سانىنىڭ %68.1نى تەشكىل قىلدى. 1998 - يىلدىكىدىن 116 ئادەم (قېتىم) ئاشتى؛ مۇئاۋىن ئۆلكە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىر 7 بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن بىر ئادەم (قېتىم) ئازايدى.

شاڭ يەنخۇا

## چەت ئەللىك دوست ئەربابلارنىڭ تەكلىپكە بىنائەن شىنجاڭغا كېلىش ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ تەكلىپى بىلەن 41 دۆلەت ۋە رايوندىن جەمئىي 600 تۈركۈمدە 2117 دوست ئەرباب (قېتىم) شىنجاڭغا كېلىپ ئىقتىساد - سودا، ساياھەت، ئۇسكۇنە قۇراشتۇرۇش، پەن - تېخنىكا ئالماشتۇرۇش، تۈر ھەمكارلىقى قاتارلىق پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى، ئۇلار ئىچىدە ئوقۇشقا كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ۋە دەرس ئۆتىدىغان ئالىملارمۇ بار. بۇنىڭ ئىچىدە قازاقىستاندىن تەكلىپ قىلىنغانلار 285 تۈركۈم، 1212 ئادەم (قېتىم) بولۇپ، تەكلىپ بىلەن كەلگەنلەر ئومۇمىي سانىنىڭ %57.3نى تەشكىل قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن قالسا، پاكىستان، روسسىيە، قىرغىزىستاندىن كەلگەنلەر كۆپ. 1999 - يىلى شىنجاڭغا كەلگەن چەت ئەللىك 1998 - يىلدىكىدىن ئازراق بولدى، ئەمما قازاقىستاندىن كەلگەنلەر بىر ئاز كۆپەيدى.

شاڭ يەنخۇا

## سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن چەت ئەلگە چىقىشقا ۋە چەت ئەللىكلەرنى جۇڭگوغا كېلىشكە تەكلىپ قىلىشقا دائىر بىر قىسىم ئىشلارنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھوقۇقىغا ئېرىشتى

1999 - يىل 10 - ئايدا گوۋۇيۈەن سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتىگە ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن قوشنا دۆلەتلەرگە بېرىش ۋەزىپىسىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھوقۇقى ۋە قوشنا دۆلەت كىشىلىرىنى جۇڭگوغا كېلىشكە تەكلىپ قىلىشقا دائىر ئىشلارنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھوقۇقى بېرىشنى، ئۇنىڭ ئۆز رايونىدىكى باشقارما دەرىجىلىك ۋە باشقارما دەرىجىلىكتىن تۆۋەن ئىقتىساد، سودا، پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن قوشنا ئەللەرگە بېرىپ زىيارەتتە بولۇشىغا ۋە قوشنا ئەللەرنىڭ ئىقتىساد - سودا، پەن - تېخنىكا خادىملىرىنى جۇڭگوغا كېلىشكە تەكلىپ قىلىشقا دائىر ئىشلارنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاشقا مەسئۇل بولۇشىنى تەستىقلىدى.

لى نا

## تاشقى ئىشلار، مۇھاجىرلار ئىشلىرى ئىشخانىلىرى مۇدىرلىرىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق يىغىنى

بۇ يىغىن 1999 - يىل 12 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 29 -

كۈنىگىچە ئۆرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىنغا ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە بىر قىسىم ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ تاشقى ئىشلار، مۇھاجىرلار ئىشلىرى ئىشخانىلىرىنىڭ مۇدىرلىرى، پورت باشقۇرۇش كومىتېتلىرىنىڭ شۇنىڭدەك مۇناسىۋەتلىك نازارەت - ئىدارىلەرنىڭ رەھبەرلىرى بولۇپ 153 كىشى قاتناشتى. ئابلەت ئابدۇرېشىت، جاڭ ۋېنيۈ، ئەسقەت كەرىمبايلار يىغىنغا كەلدى ھەمدە مۇھىم سۆز قىلدى. دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى ۋاڭ گۇاڭيا يىغىن ۋەكىللىرىگە ۋە نازارەت، ئىدارىلەرنىڭ رەھبەرلىرىگە خەلقئارا ۋەزىيەت توغرىسىدا دوكلات بەردى. يىغىن ئاپتونوم رايوندىكى 25 نەپەر مۇنەۋۋەر تاشقى ئىشلار خىزمەتچىسىگە ۋە 10 نەپەر مۇنەۋۋەر مۇھاجىرلار ئىشلىرى خىزمەتچىسىگە مېدال ۋە گۇۋاھنامە بەردى.

شېڭ شيۇپىڭ

## جۇڭگو - قازاقىستان چېگرىسىنىڭ پۈتۈن لىنىيىسى چارلىنىپ بولدى

جۇڭگو - قازاقىستان چېگرىسىنىڭ پۈتۈن لىنىيىسىنى چارلاش دالا خىزمىتى 1999 - يىلى پۈتۈنلەي ئاياغلاشتى. 1996 - يىلدىن بۇيان، دۆلەت چېگرىسىنىڭ 1738 كىلومېتىر لىنىيىسى چارلىنىپ بېكىتىلىپ، 688 چېگرا قوزۇقى تىكلەندى، شۇنداق قىلىپ، جۇڭگو - قازاقىستان چېگرىسى ئېنىق بەلگە بىلەن ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان بولدى.

شېن شۇخۇڭ

## جۇڭگونىڭ قوشنا دۆلەتلەردە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىرى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

جۇڭگونىڭ ئەزەربەيجان جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى جاڭ گوچياڭ ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى قاتارلىق 3 كىشى 1999 - يىل 1 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى.

جۇڭگونىڭ تۈركمەنىستاندا تۇرغان سابىق باش ئەلچىسى يىن سۇڭلىن باشلىق 3 كىشى 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى.

جۇڭگونىڭ قازاقىستاندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى لى خۈي 11 - ئاينىڭ 20 -، 21 - كۈنلىرى شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى.

جۇڭگونىڭ قىرغىزىستاندا تۇرۇشقا يېڭىدىن تەيىنلەنگەن باش ئەلچىسى جاڭ جىمىڭ 11 - ئاينىڭ 3 -، 4 - كۈنلىرى شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى.

شېڭ شيۇپىڭ

## چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەرنى شىنجاڭغا تەكلىپ قىلىش ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون 554 نەپەر چەت ئەللىك مۇتەخەسسىس (قېتىم) نى تەكلىپ قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە جۇڭگو - چەت ئەل ئىقتىساد - تېخنىكا مۇتەخەسسىسى 463 ئادەم (قېتىم)، مەدەنىيەت - مائارىپ مۇتەخەسسىسى 91 ئادەم (قېتىم).

لى نا

## 10 نەپەر چەت ئەللىك مۇتەخەسسىس تەقدىرلەندى

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ستېۋېن تەيلور قاتارلىق 10 نەپەر مۇنەۋۋەر چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسكە «جۇڭگو تەڭرىتاغ مۇكاپاتى» بەردى. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن غوپۇر ئابدۇللا، سۇلايمان، جاڭ گۇيشىڭ، جۇ جيەنفەن قاتارلىقلار مۇكاپاتلانغان مۇتەخەسسىسلەرگە مېدال ۋە گۇۋاھنامە بەردى. مۇكاپاتلانغان چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەر تۆۋەندىكىچە: ستېۋېن تەيلور (كانادا)، شياۋزى يۇجىشيۇڭ (ياپونىيە)، لى شىليەن (سىنگاپور)، جېن كامبىرت (ئامېرىكا)، ستېۋېن لايك (ئامېرىكا)، ئېۋېنگ ۋېكرۈي (ئىتالىيە)، كارو تراۋوس (ئىتالىيە)، دېتىردىك بورمان (گېرمانىيە)، لىڭمۇ داشىڭ (ياپونىيە).

لى نا

## 2 نەپەر چەت ئەللىك مۇتەخەسسىس دۆلەتنىڭ «دوستلۇق مۇكاپات» ىغا ئېرىشتى

1999 - يىلى دۆلەت جۇڭگونىڭ تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان 100 نەپەر چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسنى تەقدىرلىدى. شىنجاڭ دېھقانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ئىشلىگەن يۇگوسلاۋىيىلىك كۆممىقوناق يېتىشتۈرۈش مۇتەخەسسىسى رازاكوۋىچ ۋە شىنجاڭ ئالىي تاشيول ئىدارىسىدە ئىنژېنېر نازارەتچىلىكىنى ئۈستىگە ئېلىپ ئىشلىگەن ئەنگلىيىلىك مۇتەخەسسىس روگېر مارۋېدىس تەقدىرلىنىپ، دۆلەتنىڭ «دوستلۇق مۇكاپاتى» مېدالىغا ۋە گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى.

لى نا

## جۇڭگو شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى بىلەن ياپونىيىنىڭ ناگويا سەنئەت ئۇنىۋېرسىتېتى دوستانە مەكتەپ مۇناسىۋىتى ئورناتتى

1999 - يىل 1 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئىككى مەكتەپ دوستانە مەكتەپ مۇناسىۋىتى كېلىشىمى ئىمزالىدى، 2 تەرەپ بىلىم ئاشۇرۇشقا ئوقۇغۇچى ئەۋەتىش، ئوقۇتقۇچى ئەۋەتىش، تېمىلارنى بىرلىكتە تەتقىق قىلىش ۋە سەنئەت ئالماشتۇرۇشقا دائىر باشقا ئىشلار جەھەتتە كېلىشىم ھاسىل قىلدى.

تيەن جياڭلى

## جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونى بىلەن روسىيىنىڭ ئالتاي چېگرا رايونى ئوتتۇرىسىدا دوستانە ئۆلكە رايون مۇناسىۋىتى ئورنىتىلدى

مەملىكەتلىك چەت ئەللەر بىلەن دوستلۇق - ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىش جەمئىيىتىنىڭ تەستىقى بىلەن، جۇڭگونىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بىلەن روسىيىنىڭ ئالتاي چېگرا رايونى ئوتتۇرىسىدا 1999 - يىل 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى روسىيە ئالتاي چېگرا رايونىنىڭ مەركىزىي شەھىرى بارنائۇلدا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بىلەن روسىيە ئالتاي چېگرا رايونى ئوتتۇرىسىدا دوستانە ئۆلكە - رايون مۇناسىۋىتى ئورنىتىش كېلىشىمنامىسى» ئىمزالاندى. ئىككى تەرەپ ئىقتىساد، سودا، پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت، مائارىپ قاتارلىق جەھەتلەردىكى ھەمكارلىق ۋە ئالاقە توغرىلىق قىسمەن كېلىشىم ۋە مۇددىئا ھاسىل قىلدى. بۇ شىنجاڭنىڭ چەت ئەللەر بىلەن 1 - بولۇپ ھاسىل قىلغان ئۆلكە دەرىجىلىك دوستلۇق مۇناسىۋىتى ھېسابلىنىدۇ.

تيەن جياڭلى

## ئۈرۈمچى شەھىرى تاجىكىستاننىڭ دۈشەنبە شەھىرى بىلەن دوست شەھەر بولدى

مەملىكەتلىك چەت ئەللەر بىلەن دوستلۇق - ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىش جەمئىيىتىنىڭ تەستىقى بىلەن، جۇڭگو شىنجاڭ ئۈرۈمچى شەھىرى تاجىكىستاننىڭ دۈشەنبە شەھىرى بىلەن 1999 - يىل 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى دۈشەنبە شەھىرىدە «ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن تاجىكىستان دۈشەنبە شەھىرىنىڭ دوستانە شەھەر مۇناسىۋىتى ئورناتقانلىق كېلىشىمنامىسى» ئىمزالاندى. ئىككى تەرەپ ئىقتىساد، سودا، پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت، مائارىپ، تەنتەربىيە، سەھىيە قاتارلىق جەھەتلەردە كۆپ خىل شەكىلدىكى ئالاقە ۋە ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرىدۇ. بۇ ئۈرۈمچى شەھىرى خەلقئارا دوستانە شەھەر مۇناسىۋىتى ئورنىتىش توغرىسىدا ئىمزالىغان 5 - كېلىشىم ھېسابلىنىدۇ.

تيەن جياڭلى

## گو شىنچياۋ تەقدىرلەندى

1999 - يىل 4 - ئايدا كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى چەت ئەللەر بىلەن ئالاقە باغلاش بۆلۈمى، دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى، تاشقى ئىقتىساد - سودا مىنىستىرلىكى، چەت ئەللەر بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىش جەمئىيىتى، مەملىكەتلىك ياشلار بىرلەشمىسى جۇڭگو بويىچە تۇنجى قېتىملىق مەشھۇر ياش تاشقى ئىشلار ئىلغار خىزمەتچىلىرىنى باھالاپ تەقدىرلىدى. شىنجاڭ تاشقى ئىشلار (مۇھاجىرلار ئىشلىرى) ئىشخانىسى قوشنا دۆلەتلەر باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى گو شىنچياۋ «جۇڭگودىكى ئون مەشھۇر ياش تاشقى ئىشلار خىزمەتچىسى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى.

شېن شۇخۇڭ

## فرانسىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى

جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار (مۇھاجىرلار ئىشلىرى) ئىشخانىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، فرانسىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ماۋ لىبې ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى بولۇپ 3 كىشى 1999 - يىل 3 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى، تۇرپان، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلاردا زىيارەتتە بولدى. 3 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن باش ئەلچى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن كۆرۈشتى.

ۋاڭ شىنگې

## روسىيە فېدېراتسىيىسى ئالتاي چېگرا رايون ھۆكۈمىتى ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى

جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، روسىيە فېدېراتسىيىسى ئالتاي چېگرا رايونىنىڭ مەمۇرىي باشلىقى ئائا سۇلىكوۋ چېگرا رايون ھۆكۈمىتىنىڭ 10 كىشىلىك ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ كېلىپ، 1999 - يىل 4 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى بىلەن تۇرپاندا زىيارەتتە بولدى. 4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن كۆرۈشتى.

ۋاڭ شىنگې

## پارلامېنتلار ئىتتىپاقى پاراگۋاي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى

جۇڭگو مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تاشقى ئىشلار كومىتېتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، پارلامېنتلار ئىتتىپاقى پاراگۋاي كومىتېتىنىڭ رەئىسى دىئوگېنېس مارتىنېس 1999 - يىل 4 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا زىيارەتتە بولدى. 4 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىياز رەئىس مارتىنېس بىلەن كۆرۈشتى.

ۋاڭ شىنگې

## تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى زۇڭتۇڭ مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىپى شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى

جۇڭگو دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىنىڭ تەكلىپىگە

بىنائەن، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى زۇڭتۇڭ مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىپى سېيھىگىن ھەۋزە ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى قاتارلىق 5 كىشى 1999 - يىل 5 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى بىلەن تۇرپاندا زىيارەتتە بولدى. 5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت بۇ مېھمانلار بىلەن كۆرۈشتى.

ۋاڭ شىنگې

## گوللاندىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى

گوللاندىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن گوللاندىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ۋوسېد ۋە ئۇنىڭ ھەمراھىدىن ئىبارەت 2 كىشى 1999 - يىل 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا شەخسىي زىيارەتتە بولدى. 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت باش ئەلچى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھى بىلەن كۆرۈشتى.

پولات

## يەمەن جۇمھۇرىيىتى پارلامېنتىنىڭ باشلىقى شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى

جۇڭگو مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، يەمەن جۇمھۇرىيىتىنىڭ باشلىقى ئابدۇللا بىن ھۈسەيىن ئەھمەد يەمەن پارلامېنت ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدىكى 14 كىشىنى باشلاپ 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 7 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى. 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىياز ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن كۆرۈشتى.

ۋاڭ شىنگې

## ياپونىيە تاشقى ئىشلار ۋازارىتىنىڭ مەمۇرىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن ئەمەلدارى شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى

جۇڭگو خەلقئارا ئىستراتېگىيە جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ياپونىيە تاشقى ئىشلار ۋازارىتىنىڭ مەمۇرىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن ئەمەلدارى ۋۇجىيەن جىگەن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىدىن ئىبارەت 3 كىشى 1999 - يىل 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا زىيارەتتە بولدى. 7 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت بۇ مېھمانلار بىلەن كۆرۈشتى.

ۋاڭ شىنگې

## قازاقىستاننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى قوشۇمچە دىپلوماتىيە مىنىستىرى سەپەر ئۈستىدە شىنجاڭغا چۈشۈپ ئۆتتى

جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، قازاقىستاننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى قوشۇمچە دىپلوماتىيە مىنىستىرى توقايېۋ ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى جۇڭگوغا زىيارەتكە كېلىپ، 1999 - يىل 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئۈرۈمچىگە چۈشۈپ ئۆتتى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ يۇنچۈەن قاتارلىقلار ئايرودرومغا چىقىپ كۈتۈۋالدى ۋە ئۇزىتىپ قويدى.

چىمەنگۈل

## ئامېرىكا پارلامېنتىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ياردەمچىلەر ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى

جۇڭگو خەلق دىپلوماتىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئامېرىكا ئاسىيا - ئۆلۈغ ئوكيان ئىلمىي جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان 43 - تۈركۈم ئامېرىكا پارلامېنت ئەزالىرى ياردەمچىلىرى ئۆمىكى تەركىبىدىكى 12 كىشى 1999 - يىل 8 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 16 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى، قەشقەر، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا زىيارەتتە بولدى.

چىمەنگۈل

## قىرغىزىستان دۆلەت قۇرۇلۇش مەھكىمىسىنىڭ 1 - مۇئاۋىن باشلىقى شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى

جۇڭگو شىنجاڭ تاشقى ئىشلار (مۇھاجىرلار ئىشلىرى) ئىشخانىسىنىڭ ۋە ’99 جۇڭگو غەربىي قىسىم خەلقئارا بىناكارلىق ماتېرىياللىرى - بېزەش ماتېرىياللىرى كۆرگەزمىسىنى ئۇيۇشتۇرۇش ھەيئىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، قىرغىزىستان دۆلەت قۇرۇلۇش مەھكىمىسىنىڭ 1- مۇئاۋىن باشلىقى پولاتبېك بېيسەنبېك پولاتبېكوۋىچ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى 1999 - يىل 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى ھەمدە ’99 بىناكارلىق ماتېرىياللىرى كۆرگەزمىسىگە قاتناشتى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى دەلىلقان مامىقان ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن كۆرۈشتى.

چىمەنگۈل

## ئىتالىيە «جۇڭگو دوستى» جەمئىيىتىنىڭ جۇڭگونى زىيارەت قىلىش ئۆمىكى شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى

كېڭەش پالاتا ئەزاسى، «جۇڭگو دوستى» جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى رىنزو كوبېت باشچىلىقىدىكى ئىتالىيە «جۇڭگو

دوستى» جۇڭگونى زىيارەت قىلىش ئۆمىكى تەركىبىدىكى 14 كىشى 1999 - يىل 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى. 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىياز ئۆمەك تەركىبىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشتى.

شىي رۇڭرۇڭ

### ھىندىستاننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى

ھىندىستاننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى V.K نەنۋجې باشچىلىقىدىكى 3 كىشى 1999 - يىل 8 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ يونجۈەن باش ئەلچى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن كۆرۈشتى.

چىمەنگۈل

### ھىندىستاننىڭ مۇئاۋىن زۇڭتۇڭى سەپەر ئۈستىدە ئۈرۈمچىگە چۈشۈپ ئۆتتى

ھىندىستاننىڭ مۇئاۋىن زۇڭتۇڭى كرىشان كانت ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى باشلىق 55 كىشى 1999 - يىل 8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئايروپىلان بىلەن موڭغۇلىيىدىن قىرغىزىستانغا ئۆتۈش سەپىرىدە ئۈرۈمچىگە چۈشۈپ قىسقا ۋاقىت تۇردى. ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى ئايرودرومغا چىقىپ كۈتۈۋالدى ۋە ئۇزىتىپ قويدى.

چىمەنگۈل

### ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى

جۇڭگو شىنجاڭ '99 ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىنى ئۇيۇشتۇرۇش ھەيئىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ئۆمەر يۈسۈپ ئابىد 1999 - يىل 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە '99 ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىگە قاتناشتى. 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت باش ئەلچى بىلەن كۆرۈشتى.

چىمەنگۈل

### بېنگالنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى

جۇڭگو شىنجاڭ '99 ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىنى ئۇيۇشتۇرۇش ھەيئىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، بېنگالنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى رۇق ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى 1999 - يىل 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە '99 ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىگە قاتناشتى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت باش ئەلچى ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى بىلەن كۆرۈشتى.

چىمەنگۈل

### روسىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى

جۇڭگو شىنجاڭ '99 ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىنى ئۇيۇشتۇرۇش ھەيئىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، روسىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى روگاشو ۋە ئۇنىڭ ھەمراھى 1999 - يىل 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى شەھىرى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدا زىيارەتتە بولدى ھەمدە '99 ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىگە قاتناشتى. 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت باش ئەلچى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھى بىلەن كۆرۈشتى.

چىمەنگۈل

### قازاقىستاننىڭ باش تەپتىشى شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى

جۇڭگو ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى باش تەپتىشىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، باش تەپتىش يۈرى خىتلىن يېتەكچىلىكىدىكى قازاقىستان تەپتىشلەر ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدىكى 4 كىشى 1999 - يىل 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگىچە جۇڭگودا خەلقئارا تەپتىشلەر بىرلەشمىسىنىڭ 4 - نۆۋەتلىك يىللىق يىغىنىغا قاتناشتى. شۇ ئارىلىقتا 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا دوستانە زىيارەتتە بولدى. 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىياز مېھمانلار بىلەن كۆرۈشتى.

پولات

### ئۆزبېكىستاننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى

جۇڭگو شىنجاڭ '99 ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىنى ئۇيۇشتۇرۇش ھەيئىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئۆزبېكىستاننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ئىسمائىلا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھى 1999 - يىل 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 5 - كۈنىگىچە '99 ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىگە قاتناشتى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت باش ئەلچى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھى بىلەن كۆرۈشتى.

چىمەنگۈل

### 3 دۆلەتنىڭ قازاقىستاندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى

جۇڭگو شىنجاڭ '99 ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىنى

ئۆتكۈزۈش ھەيئىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، روسسىيە، بېلورۇسسىيە، ئۇكرائىنا دۆلەتلىرىنىڭ قازاقىستاندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىرى 1999 - يىل 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 5 - كۈنىگىچە «99 ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى»گە قاتناشتى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى.

چىمەنگۇل

## مىسىر دىنىي فوند مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى

جۇڭگو مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، مىسىر دىنىي فوند مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى دوكتور جاقزۇق يېتەكچىلىكىدىكى 6 كىشى دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋېن چىگىنىڭ ھەمراھلىقىدا 1999 - يىل 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى شەھىرىدە ۋە تۇرپان ۋىلايىتىدە زىيارەتتە بولدى. 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت مېھمانلار بىلەن كۆرۈشتى.

چىمەنگۇل

## تايلاند ئىجتىمائىي پاراۋانلىق مەھكىمىسى ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى

جۇڭگو چەت ئەللەر بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىش جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، تايلاند ئىجتىمائىي پاراۋانلىق مەھكىمىسىنىڭ رەئىسى بابو ۋېيسەي يېتەكچىلىكىدىكى تايلاند ئىجتىمائىي پاراۋانلىق مەھكىمىسى ۋەكىللەر ئۆمىكى 1999 - يىل 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى، قەشقەر، تۇرپان قاتارلىق جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى ۋە زىيارەت قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەتتۇمىن زاكىر ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشتى.

تيەن جياڭلى

## پاكىستان غەربىي شىمال چېگرا ئۆلكىسى دوستلۇق ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى

جۇڭگو خەلق چەت ئەللەر بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىش جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، پاكىستان جۇڭگو دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ غەربىي شىمال چېگرا ئۆلكىسى شۆبىسى دوستلۇق ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ تەركىبىدىكى 6 كىشى 1999 - يىل 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 12 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا زىيارەتتە بولدى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شىۋلىڭ خۇيىين بۇ مېھمانلار بىلەن كۆرۈشتى.

پەرھات

## كورېيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى

جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار (مۇھاجىرلار ئىشلىرى) ئىشخانىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، كورېيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى چۇەن بىڭشۈن ئەپەندى باشلىق 9 كىشى 1999 - يىل 9 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە قەشقەر، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا زىيارەتتە بولدى. 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى غوپۇر ئابدۇللا ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى.

چىمەنگۇل

## قىرغىزىستاننىڭ دۆلەت كاتىپى شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى

جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار (مۇھاجىرلار ئىشلىرى) ئىشخانىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، قىرغىزىستاننىڭ دۆلەت كاتىپى ئابدۇللا زاكوف ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى 1999 - يىل 9 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى، تۇرپان، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا زىيارەتتە بولدى. 9 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن دۆلەت كاتىپى بىلەن ئايرىم - ئايرىم كۆرۈشتى.

چىمەنگۇل

## 4 دۆلەت ۋە رايوننىڭ توقۇمىچىلىق كارخانىلىرى ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى

جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار (مۇھاجىرلار ئىشلىرى) ئىشخانىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، كورېيە، ھىندىستان، تايلاند، شياڭگاڭلارنىڭ توقۇمىچىلىق كارخانىلىرى ۋەكىللەر ئۆمىكى 1999 - يىل 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى. 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن ئابلەت ئابدۇرېشىت، جاڭ ۋېنيۈ، ئەسقەت كەرىمباي، دەلىلقان مامىقان ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشتى.

چىمەنگۇل

## برۇنېي دارىسسالام دۆلىتىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى

جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار (مۇھاجىرلار ئىشلىرى)

ئىشخانىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، برۇنېي دارىسسالامنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى مەھدىن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھى 1999 - يىل 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە قەشقەر، تۇرپان قاتارلىق جايلارنى ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەت قىلدى. 10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى غوپۇر ئابدۇللا ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى.

چىمەنگۈل

## قىرغىزىستان دىپلوماتىيە مىنىستىرى شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى

جۇڭگو تاشقى ئىقتىساد - سودا مىنىستىرلىكىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، قىرغىزىستان دىپلوماتىيە مىنىستىرى ئىمانالىيېۋ باشچىلىقىدىكى 12 كىشى 1999 - يىل 12 - ئاينىڭ 20 — 21 - كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە زىيارەتتە بولدى. 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى.

چىمەنگۈل

## چەت ئەل مۇخبىرلىرى شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى

1999 - يىلى جۇڭگودا دائىم تۇرۇشلۇق ۋە ۋاقىتلىق تۇرۇشلۇق چەت ئەل ئاخبارات ئاپپاراتلىرىنىڭ 239 مۇخبىرى 32 تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ شىنجاڭغا كېلىپ زىيارەتتە بولدى.

ياپونىيە «ئاساخى شىمبۇن» گېزىتىنىڭ مۇخبىرى كۇجىياڭ يىرىن شىنجاڭغا كېلىپ 1999 - يىل 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 12 - كۈنىگىچە ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتىلغان پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنىڭ ئەھۋالى ئۈستىدە زىيارەتتە بولدى.

ياپونىيە تېنوچىن تېلېۋىزىيە شىركىتىنىڭ 5 ئادىمى شىنجاڭغا كېلىپ، 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنىگىچە «ئاققۇ كۆلى»نى فىلىمگە ئالدى.

ئەنگلىيە توتېم فىلىم شىركىتىنىڭ 8 ئادىمى 5 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 13 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا 10 قىسىملىق جۇڭگو تېلېۋىزىيە فىلىمى «ئەجدىھانىڭ پەرۋازى»نىڭ شىنجاڭغا دائىر قىسمىنى سۈرەتكە ئالدى.

ياپونىيە رادىئو جەمئىيىتى (NHK) شىنجاڭ تاشقى ئىشلار (مۇھاجىرلار ئىشلىرى) جەمئىيىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، 5 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنىگىچە «دۇنيا بويىچە ئۇزاق تارىختا ئىگە ئىزنا — دۇنخۇاڭ. غەربىي يۇرت» ناملىق تېلېۋىزىيە پروگراممىسىنى غەربىي يۇرت نەق مەيدانىدا بىۋاسىتە قويدى.

فىرانسىيە ساياھەت قانىلى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 3 ئادىمى 5 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا ساياھەت مەنزىرىلىرى فىلىمى ئىشلىدى.

ياپونىيە «يومىئۇرى شىمبۇن» گېزىتىنىڭ 2 مۇخبىرى 6 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى.

ئامېرىكىدا چىقىدىغان «نيۇ-يورك ۋاقىت گېزىتى»نىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق 2 مۇخبىرى 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە بىڭتۇەننىڭ بېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ۋە سۇ قۇرۇلۇشى ئەھۋالىنى زىيارەت قىلدى.

ئەنگلىيە «فىنانسىئال تىمېس» گېزىتىنىڭ شاڭخەيدە تۇرۇشلۇق 2 مۇخبىرى 7 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 17 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى.

شىنجاڭ تاشقى ئىشلار (مۇھاجىرلار ئىشلىرى) ئىشخانىسى بىلەن شاڭخەي شەھەرلىك تاشقى ئىشلار ئىشخانىسىنىڭ بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن، چەت ئەللەرنىڭ شاڭخەيدە تۇرۇشلۇق 9 ئاخبارات ئاپپاراتىنىڭ 13 مۇخبىرى 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك، يېنىك سانائەت، نېفىت، يۇقىرى - يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى زىيارەت قىلدى.

گېرمانىيە تېلېۋىزىيە 2 - ئىستانسىسى (ZDF) سۈرەتكە ئېلىش گۇرۇپپىسىنىڭ 5 ئادىمى 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنىگىچە «بۈگۈنكى يىپەك يولى» ناملىق مەخسۇس تېلېۋىزىيە فىلىمى ئىشلىدى.

ئامېرىكا كوئېكس گېزىتى سىستېمىسىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق 3 مۇخبىرى 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە شىنجاڭنىڭ ھازىرقى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالىنى ۋە مىللەت، دىن ئەھۋالىنى زىيارەت قىلدى.

ئامېرىكا دۆلەت جۇغراپىيە تېلېۋىزىيە فىلىمى ئىشلەش گۇرۇپپىسىنىڭ 6 ئادىمى 10 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا «گۈزەل يىپەك يولى» ناملىق ھۆججەتلىك تېلېۋىزىيە فىلىمى ئىشلىدى.

ياپونىيە غەربىي ياپونىيە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 6 ئادىمى 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا «جۇڭۋاڭا يولى» ناملىق مەخسۇس فىلىم ئىشلىدى.

جىن يۈيۈن

## تۇنجى بىرلەشمە ئۆمەك چەت ئەلگە چىقىپ، مۇھاجىرلارنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى

گوۋۇيۈەن مۇھاجىرلار ئىشلىرى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ليۇ زېپېڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە، شىنجاڭ تاشقى ئىشلار

(مۇھاجىرلار ئىشلىرى) ئىشخانىسى ئۇيۇشتۇرغان 6 كىشىلىك ھېرلەشمە ئۆمەك 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنىدىن 3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىگىچە سەئۇدى ئەرەبىستانى، مىسىر ۋە تۈركىيىدە زىيارەتتە بولدى. بۇ ئۆمەك مەخسۇس شىنجاڭلىق جۇڭگو مۇھاجىرلىرىدىن ھال سورىدى. جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ۋە جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۆيلىرىگە باردى، جۇڭگولۇقلارنىڭ ھەرقايسى ساھەدىكى ۋەكىللىرى بىلەن كۆپ قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزدى. ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، خەنزۇ قاتارلىق مىللەتلەردىن بولغان جۇڭگو مۇھاجىرلىرى، جۇڭگولۇقلار ۋە يېڭى كۆچمەنلەر بولۇپ 200دىن ئارتۇق كىشى بىلەن كۆرۈشتى. زىيارەت ئارقىلىق شۇ جايلاردىكى مۇھاجىرلار جەمئىيەتلىرىنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان بۇرمىلانغان تەشۋىقاتلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش تۈپەيلىدىن جۇڭگونىڭ مىللەت، دىن قاتارلىق جەھەتلەردىكى سىياسەتلىرىگە قارىتا ئەندىشىدە ۋە خاتا چۈشەنچىدە بولۇپ كەلگەنلىكىدەك ئەھۋال تۈگىتىلىپ، مۇھاجىر قېرىنداشلارنىڭ جۇڭگوغا ۋە شىنجاڭغا بولغان چۈشەنچىسى ئىلگىرىلىتىلدى، يۇقىرىدا ئېيتىلغان 3 دۆلەتتىكى شىنجاڭلىق جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ، جۇڭگولۇقلارنىڭ ۋە شۇلار تۇرۇشلۇق دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىنىڭ جۇڭگولۇقلار مەسىلىسىگە تۇتقان پوزىتسىيىسى قاتارلىق ئاساسىي ئەھۋاللار ئىگىلەندى.

ئېلى ئابلىمىت

## نۇقتىلىق جۇڭگو مۇھاجىرلىرى، جۇڭگولۇقلار دۆلەت بايرىمى پائالىيىتىگە قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلىندى

شىنجاڭ چەت ئەللەر بىلەن ئالاقىلىشىش جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپى بويىچە، سەئۇدى ئەرەبىستانى، ئاۋستىرالىيە، پاكىستان، قىرغىزىستانلاردىن 6 نەپەر جۇڭگو مۇھاجىرى، جۇڭگولۇق شىنجاڭغا كېلىپ، 1999 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن 10 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىگىچە ئېكسكۇرسىيە، زىيارەتتە بولدى ھەمدە ئاپتونوم رايوننىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزگەن پائالىيەتلىرىگە قاتناشتى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ خەنرۇ مېھمانلار بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم كۆرۈشتى ۋە ئۇلارنىڭ شەرىپىگە زىياپەت بەردى. مېھمانلار بۇ يەردە كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىمىزنى چەت ئەلدىكى ھەر بىر جۇڭگو مۇھاجىرىغا، ھەربىر جۇڭگولۇققا سۆزلەپ بېرىمىز، يۇرتىمىزنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىمىز دېيىشتى.

شى رۇي

## ياپونىيىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان جۇڭگو مۇھاجىرلىرى تەشكىلاتلىرى ۋە شەخسلەر «ئۈمىد» باشلانغۇچ مەكتىپىگە ئىئانە بەردى

1999 ـ يىل 5 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر تاشقى ئىشلار (مۇھاجىرلار ئىشلىرى) ئىشخانىسى ياپونىيىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ۋەكىللىرى ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ 250 مىڭ يېن خەلق پۇلى ئىئانىسىنى ۋە ياپونىيىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان جۇڭگو مۇھاجىرى رېن جىڭگۇاڭ ئەپەندىنىڭ 300 مىڭ يېن خەلق پۇلى ئىئانىسىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، بۇ پۇللارنى يەكەن ناھىيىسى بىلەن مارالبېشى ناھىيىسىدە بىردىن «ئۈمىد» باشلانغۇچ مەكتىپى قۇرۇشقا ئىشلەتتى. مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ چوڭقۇرچاق يېزىسىدىكى ئىئانە پۇل بىلەن ياسالغان «ئۈمىد» باشلانغۇچ مەكتىپى 10 ـ ئايدا پۈتۈپ، ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى. يەكەن ناھىيىسىنىڭ تومئۆستەڭ يېزىسىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ قۇرۇلۇشمۇ پۈتۈش ئالدىدا تۇرماقتا.

شى رۇي

## ئامېرىكىدىكى مائارىپنى گۈللەندۈرۈش فوند جەمئىيىتى مەكتەپلىرىمىزگە ياردەم بەردى

ئامېرىكىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ۋە جۇڭگولۇقلاردىن تەركىب تاپقان ئامېرىكا مائارىپنى گۈللەندۈرۈش فوند جەمئىيىتى 1999 ـ يىل 5 ـ ئايدا قۇكالاڭ شەھىرى جيۇيۇنجيې بازىرىدىكى ۋۇيۇن باشلانغۇچ مەكتىپى بىلەن باركۆل ناھىيىسى سارچوقا يېزىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە 10 مىڭ دوللاردىن ئىئانە قىلدى. بۇ پۇللار مەكتەپ ئۆيلىرىنى ياساش ـ رېمونت قىلىشقا ئىشلىتىلدى. ئامېرىكا مائارىپنى گۈللەندۈرۈش فوند جەمئىيىتى ياش ۋاقتىدا ئامېرىكىدا ئولتۇراقلىشىپ قېلىپ، ھازىر يېشى 60 ـ 70لەرگە بېرىپ قالغان جۇڭگولۇقلار ۋە جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ئۆزلۈكىدىن قۇرغان تەشكىلات. ئۇلار مەملىكىتىمىزنىڭ نۇرغۇن ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلىرىدا مەكتەپكە ياردەم بېرىش پائالىيىتىنى ئېلىپ باردى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ خۇەيىۋ فوند جەمئىيىتىنىڭ بارلىق ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشتى.

شى رۇي

## جۇڭگولۇق يازغۇچى يۇڭلې دوسى شىنجاڭغا كېلىپ زىيارەتتە بولدى

مالايسىيا مائارىپ مىنىستىرلىكىنى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ خەنزۇچە دەرسلىكىنى تۈزۈش ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى، مائارىپ مەركىزىي ئىنىستىتۇتىنىڭ باشلىقى،

مەشھۇر جۇڭگولۇق يازغۇچى يۈڭلې دوسى خانىم بىلەن ئۇنىڭ ئېرى جېڭ يۇخۇي ئەپەندى 1999 - يىل 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى. ئۇلار بۇ جەرياندا كورلا، خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئېكسكۇرسىيە قىلدى ۋە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ھەمدە 99' ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىگە قاتناشتى. يۈڭلې دوسى خانىمنىڭ ئەسلى يۇرتى ئىلى ئىدى، ئۇ 1995 - يىلى ئىلى قاتارلىق جايلارنى تەكشۈرگەن، زىيارەت قىلغان. بۇ قېتىم ئاساسەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلارنىڭ جەمئىيەت تارىخى، مەدەنىيەت تارىخى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتى ئۈستىدە ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ھەمدە ئۆزىنىڭ كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرىنى مالايسىيا خەلقىگە ۋە دۇنيادىكى ھەرقايسى مەملىكەت خەلقلىرىگە تونۇشتۇرماقچى بولدى. 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت بۇ مېھمانلىنى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى قوبۇل قىلدى. يۈڭلې دوسى خانىم يەنە ئاتىسىنىڭ نامىدا قەشقەر بالىلار باغچىسىغا 500 دوللار ئىئانە قىلدى ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭنىڭ مائارىپ، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

شى رۇي

## جۇڭگو مۇھاجىرلار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ليۇ جىنسەي ئۆمەك باشلاپ كېلىپ 99' ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىگە قاتناشتى

جۇڭخۇا مەملىكەتلىك ۋەتەنگە قايتقان جۇڭگو مۇھاجىرلىرى بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ليۇ جىنسەي 1999 - يىل 9 - ئايدا ئۆمەك باشلاپ كېلىپ، 99' ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىگە قاتناشتى ھەمدە ش ئۇ ئا ر مۇھاجىرلار بىرلەشمىسىنىڭ خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلدى. ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ تەركىبىدە شائىخەي شەھەرلىك ۋە شەنشى ئۆلكىلىك مۇھاجىرلار بىرلەشمىلىرىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك مۇھاجىرلار ۋەكىللىرى بار. ئۆمەك بىلەن بىللە كەلگەن ئاخبارات مۇخبىرلىرى 99' ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىنىڭ ئەھۋالىنى مەملىكەت ئىچىگە ۋە سىرتىغا خەۋەر قىلدى.

مىقات

## مۇھاجىرلار ئىشلىرى ساھەسىدىكى مەملىكەت بويىچە ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە تەقدىرلەنگەن ئىلغار كوللېكتىپ ۋە شەخسلەر

1999 - يىل 7 - ئايدا جۇڭخۇا مەملىكەتلىك ۋەتەنگە قايتقان جۇڭگو مۇھاجىرلىرى بىرلەشمىسىنىڭ 6 - قۇرۇلتىيى بېيجىڭدا ئېچىلدى. مۇھاجىرلار بىرلەشمىسى خىزمىتى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ — ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونلۇق مۇھاجىرلار بىرلەشمىسى ۋە ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار، مۇھاجىرلارنىڭ بالا - چاقىلىرى ئىچىدىكى 20 ئىلغار شەخس شۇنىڭدەك مەملىكەتلىك مۇھاجىرلار بىرلەشمىسى خىزمىتى بويىچە ئىلغار بولغان 2 كىشى گۇۋۇيۈەن مۇھاجىرلار ئىشلىرى ئىشخانىسى بىلەن جۇڭخۇا مەملىكەتلىك ۋەتەنگە قايتقان جۇڭگو مۇھاجىرلىرى بىرلەشمىسى تەرىپىدىن تەقدىرلەندى. تەقدىرلەنگەن ئىلغار شەخسلەر تۆۋەندىكىچە: سۈن گوچېڭ، ئېلشات مالىك (ئۆزبېك)، ليۇ يىنشېڭ، شۆھرەت مۇتەللىپ، دىلشات باقى ئاخۇن، يۈجيې (ئايال، خويزۇ)، دۈڭ گۋاڭخۇا (رۇس)، چېن جىنچى، ئالىمقان سۇلايمان (قازاق)، باتۇچىر (موڭغۇل)، سىجىت ئابدۇررېھىم، ئاۋۇسقان (ئايال، قازاق)، جاڭ تىڭنې، جاڭ چاڭيۇ، ياڭ چېڭگو، ئوبۇلخەيرى ھاجى، شىاشى، ئەركىن رەھىم، سەي يىجى، تۇردى ھاجى؛ تەقدىرلەنگەن مەملىكەتلىك مۇھاجىرلار بىرلەشمىسىدىكى ئىلغار شەخسلەر: ئەنۋەر ئىبراھىم، مەھەممەت سەيدى ئەلىمشاھ (ئۇيغۇر).

1999 - يىل 12 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار بىرلەشمىسى 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 3 - قېتىملىق (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلارنىڭ بالا - چاقىلىرى ئىچىدىكى 10 ئىلغار شەخس، مۇھاجىرلار بىرلەشمىسى بويىچە 13 ئىلغار خىزمەتچى، مۇھاجىرلار بىرلەشمىسى بويىچە 4 ئىلغار كوللېكتىپ ۋە مۇھاجىرلار بىرلەشمىسى خىزمىتىنى قوللىغان ئوبلاست، ۋىلايەت، ناھىيە (رايون)نىڭ 10 نەپەر رەھبىرى ش ئۇ ئا ر مۇھاجىرلار بىرلەشمىسى تەرىپىدىن تەقدىرلەندى.

مىقات

# تەيۋەنگە ئالاقىدار ئىشلار

## تەيۋەنگە ئالاقىدار ئىشلار

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىن 46 كىشى تەيۋەن رايونىغا بېرىپ، مەدەنىيەت، ئىلىم قاتارلىق ساھەلەردىكى 13 تۈر بويىچە ئالماشتۇرۇش ئېلىپ باردى.

3 - ئايدا ش ئۇ ئا ر چوڭلار ئالىي مائارىپ تەتقىقات جەمئىيىتىدىن 5 كىشى تەيۋەن چوڭلار مائارىپى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن تەيۋەنگە بېرىپ، ئىككى تەرەپ ئۇنىۋېرسىتېتى ئۆگىنىش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى.

4 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر ئېلېكترلىك ئېرىتىپ پارتلىتىش تەتقىقات ئورنىدىن بىر كىشى تەيۋەن مالىيە گۇرۇھى قانۇنىي ئىگىسى سەددىچىن مەدەنىيەت ـ مائارىپ فوندى جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، دۆلەت پەن ـ تېخنىكا كومىتېتى ئۆمىكى بىلەن بىللە تەيۋەنگە بېرىپ «ئىككى قىرغاق ئېلېكترون تېخنىكىسى مۇھاكىمە يىغىنى»غا قاتناشتى.

6 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىقات ئورنىدىن 2 كىشى تەيۋەن دېڭفۇ مەدەنىيەت ـ مائارىپ فوندى جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن تەيۋەنگە بېرىپ، ئىلمىي پائالىيەتكە قاتناشتى.

6 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر ياشلار بىرلەشمىسىدىن بىر كىشى تەكلىپكە بىنائەن، ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئۆمىكى بىلەن بىللە تەيۋەنگە بېرىپ تەكشۈرۈش ۋە ئالماشتۇرۇش ئېلىپ باردى.

6 ـ ئايدا شىنجاڭ تىببىي دورا ـ ساقلىق ساقلاش بۇيۇملىرى ئىمپورت ـ ئېكسپورت شىركىتىدىن بىر كىشى تەيۋەن خىمىيىۋى دورا ياساش ھەمىدارلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، دۆلەت تاشقى ئىقتىساد ـ سودا مىنىستىرلىكىنىڭ ئۆمىكى بىلەن بىللە تەيۋەنگە بېرىپ، ئىقتىساد ـ سودا جەھەتتىن تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

6 ـ ئايدا شىنجاڭ تاشقى سودا ئوراش ـ قاچىلاش زاۋۇتىدىن بىر كىشى تەيبېي شەھەرلىك مەدەنىيەت ـ مائارىپ فوندى جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، جۇڭگو ئوراش ـ قاچىلاش جەمئىيىتىنىڭ ئۆمىكى بىلەن بىللە تەيۋەنگە بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

7 ـ ئايدا شىخەنزە شەھەرلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدىن 2 كىشى تەيۋەن «كۆز شامىلى» شېئىر ژۇرنىلى نەشرىياتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن تەيۋەنگە بېرىپ ئەدەبىيات ئالماشتۇردى.

8 ـ ئايدا جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە ۋە جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىدىن بىر كىشى تەيۋەن مەدەنىيەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، جۇڭگو جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئۆمىكى بىلەن بىللە تەيۋەنگە بېرىپ ئىلىم ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىگە قاتناشتى.

8 ـ ئايدا شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى قارمىقىدىكى 1 ـ دوختۇرخانىدىن بىر كىشى تەيۋەن چاڭگېڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، سەھىيە مىنىستىرلىكىنىڭ ئۆمىكى بىلەن بىللە تەيۋەنگە بېرىپ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى.

9 ـ ئايدا بىڭتۇەن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ـ توقۇمىچىلىق، مەدەنچىلىك، خىمىيە سانائىتى ماشىنىلىرى ئىمپورت ـ ئېكسپورت شىركىتىدىن، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك

7 ـ شىنى تەمىنات ـ سودا شىركىتىدىن 2 كىشى تەيبېي شەھەرلىك پاختا سودىسى تۈۋىي جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن تەيۋەنگە بېرىپ سودا جەھەتتە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

11 ـ ئايدا سەھىيە نازارىتىدىن بىر كىشى تەكلىپكە بىنائەن سەھىيە مىنىستىرلىكى مەملىكەتلىك ھۆكۈمەت پۇلىغا داۋالىنىش ئىشلىرىنى باشقۇرۇش مەركىزىنىڭ ئۆمىكى بىلەن بىللە تەيۋەنگە بېرىپ، «ئىككى قىرغاق داۋالىنىش سۇغۇرتىسى مۇھاكىمە يىغىنى»غا قاتناشتى.

12 ـ ئايدا مەدەنىيەت نازارىتىدىن 27 كىشى تەيۋەن جۇڭخۇا ئاڭلاش ـ كۆرۈش ـ تارقىتىش فوند جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، جۇڭگو مەدەنىيەت ـ سەنئەت چەكلىك شىركىتىنىڭ ئۆمىكى بىلەن بىللە تەيۋەن رايونىغا بېرىپ، «ئىككى قىرغاقنىڭ 99' جۇڭخۇا ئۆرپ ـ ئادەت سەنئەت كۆرگەزمىسى»گە قاتناشتى.

12 ـ ئايدا تارىم بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئۇنىۋېرسىتېتىدىن بىر كىشى تەيۋەن گۇاڭخېڭ مەدەنىيەت ـ مائارىپ فوند جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن جېڭجۇ ئۇنىۋېرسىتېتى ئۆمىكى بىلەن بىللە تەيۋەنگە بېرىپ، ئىلمىي پائالىيەتكە قاتناشتى.

1999 ـ يىلى تەيۋەن رايونىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئەربابلاردىن 187 كىشى ئاپتونوم رايونىمىزغا كېلىپ مەدەنىيەت، ئىلىم ساھەسىدە 10 تۈر بويىچە ئالماشتۇرۇش ئېلىپ باردى.

5 ـ ئايدا تەيبېيدىكى ساۋ فامىلىلىكلەر فوند جەمئىيىتىدىن 36 كىشى شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ھەمدە پۇل ئىئانە قىلدى.

6 ـ ئايدا، تەيۋەندىكى چاڭگېڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن 2 كىشى شىنجاڭغا كېلىپ، شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن ئىلىم ئالماشتۇردى.

7 ـ ئايدا تەيۋەن «قانۇن پالاتاسى پارلامېنتى» ياردەمچى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ 24 ئادىمى شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

8 ـ ئايدا 99' 1 ـ نۆۋەتلىك ئىككى قىرغاق گۈزەل سەنئەت، مائارىپ ئالاقىسى ۋە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى رەسىملىرى كۆرگەزمىسى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. تەيۋەن جاڭخۇا پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ 22 ئادىمى ش ئۇ ئا ر مائارىپ پەن تەتقىقاتى ئورنى بىلەن بىرلىكتە ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى.

8 ـ ئايدا تەيۋەن سەنئەتكارلار جەمئىيىتىنىڭ 19 ئادىمى شىنجاڭغا كېلىپ خەتتاتلىق، رەسساملىق سەنئىتى بويىچە

# جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئەدلىيە

## جامائەت خەۋپسىزلىكى

### قاتناش ھادىسىلىرى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندا 9304 قېتىم قاتناش ھادىسىسى يۈز بېرىپ، 2449 ئادەم ئۆلدى، 6661 ئادەم يارىلاندى. 45 مىليون 61 مىڭ يۈەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان بولدى. بۇنى 1998 - يىلدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ھادىسە 33.2%، ئۆلگەن ئادەم 6.8%، يارىلانغانلار 29.8%، ئىقتىسادىي زىيان 14.1% ئۆرلىدى. قاتناش ھادىسىلىرى ئىچىدە ئالاھىدە چوڭ ھادىسە 2202 قېتىم بولۇپ، 2449 ئادەم ئۆلدى، 1625 ئادەم يارىلاندى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىياننى پۇلغا سۇندۇرغاندا 20 مىليون 518 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن كۆپەيدى. شەھەرلەردە 3342 قېتىم قاتناش ھادىسىسى يۈز بېرىپ، 573 ئادەم ئۆلدى؛ يېزىلاردا 5962 قېتىم قاتناش ھادىسىسى يۈز بېرىپ، 1876 ئادەم ئۆلدى. ئاپتونوم رايوندا 10 مىڭ ئاپتوموبىل بويىچە قاتناش ھادىسىسىدە ئادەم ئۆلۈش نىسبىتى 36.9 بولۇپ، مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن يۇقىرى بولدى. ئالاھىدە چوڭ قاتناش ھادىسىسى ئاساسلىقى، دۆلەت يولى 312 - لىنىيىسىدىكى شىخو، ساۋەن، قۇتۇبى، قورغاس يول بۆلىكىگە ۋە دۆلەت يولى 314 - لىنىيىسىدىكى توقسۇن، خوشۇت، كورلا، بۈگۈر، توقسۇ، كۇچا، ئونسۇ يول بۆلىكىگە مەركەزلەشتى. يۇقىرىدىكى يول بۆلەكلىرىدە يۈز بەرگەن ئالاھىدە چوڭ قاتناش ھادىسىسى ئاپتونوم رايون بويىچە يۈز بەرگەن ئالاھىدە چوڭ قاتناش ھادىسىلىرىنىڭ 75.8%نى، ئۆلگەن ئادەم ئالاھىدە چوڭ قاتناش ھادىسىسىدە ئۆلگەن ئادەمنىڭ 71.15%نى ئىگىلىدى.

قاتناش ھادىسىسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىدىكى سەۋەب، ئاساسەن، مۇنۇلاردىن ئىبارەت: بىرىنچى، تاشيول دەرىجىسى تۆۋەنرەك، يۈرۈشلەشكەن بىخەتەرلىك مۇئەسسەسەلىرى دېگەندەك مۇكەممەل ئەمەس. ئىككىنچى، ئاممىنىڭ قاتناش قائىدىسى ۋە بىخەتەرلىك ئېڭى ئاجىز، قىسمەن شوپۇرلارنىڭ كەسپ ئەخلاقى ناچار بولۇپ، قائىدىگە خىلاپلىق قىلىدىغان ھادىسىلەر ھەر ۋاقىت كۆرۈلۈپ تۇردى. ئۈچىنچى، قاتناش بازارلىرىنى باشقۇرۇش قالايمىقان. تۆتىنچى، ج خ قاتناش ساقچى قوشۇنىنىڭ ساقچى كۈچى يېتەرلىك ئەمەس. تېخنىكا ۋاستىسى ۋە قورال - ياراغلىرى دېگەندەك مۇكەممەل ئەمەس، قانۇننى ئىجرا قىلىش سالمىقى ۋە بەزى يول بۆلەكلىرىنى تىزگىنلەش ئىقتىدارى دېگەندەك كۈچلۈك ئەمەس.

خۇ بو

### ئوت ئاپىتى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندا 2409 قېتىم ئوت ئاپىتى يۈز بېرىپ، 74 ئادەم ئۆلدى، 120 ئادەم يارىلاندى. بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىياننى پۇلغا سۇندۇرغاندا 25 مىليون 933 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنى 1998 - يىلدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئوت ئاپىتىنىڭ قېتىم سانى 3.5%، ئۆلگەن ئادەم 19.4% ئۆرلىدى. يارىلانغان ئادەم 54.4%، پۇلغا سۇندۇرۇلغان بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 45.2% ئازايدى. بىر يىلدا پەۋقۇلئاددە چوڭ ئوت ئاپىتى ۋە توپ - توپ ئۆلۈش، توپ -

ئالماشتۇرۇش ئېلىپ باردى ھەمدە ئاپتونوم رايون خەتتاتلىرى، رەسساملىرى بىلەن بىرلىكتە رەسىم كۆرگەزمىسى ئاچتى.

8 - ئايدا تەيۋەن پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ 19 ئادىمى شىنجاڭغا كېلىپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى ۋە ئىلىم ئالماشتۇردى.

8 - ئايدا تەيۋەنلىك ئالىملاردىن 14 كىشى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن بىللە «ئىككى قىرغاق شائىرلىرى، ئالىملىرى، سۆھبەت يىغىنى» ئاچتى.

8 - ئايدا تەيۋەن مالىيە كورۇھى قانۇنىي ئىگىلىرى جۇڭخۇا مەسلىھەتچىلەر قۇرۇلۇشى شىركىتىنىڭ 30 ئادىمى شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

9 - ئايدا تەيۋەن پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى يەر شارى ئىلمى كافېدراسىنىڭ 3 ئادىمى شىنجاڭغا كېلىپ، شىنجاڭنىڭ تاشكۆمۈر دەۋرىدىكى برا ھايۋانلىرىنىڭ تاش قاتمىسىدىكى كاربون ئوكسىدى ئىزوتوپلىرىنىڭ ئۆزگىرىشىنى تەتقىق قىلدى.

9 - ئايدا تەيۋەن ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق بىرلەشمىسىنىڭ سۇ تېجەپ سۇغىرىشنى تەكشۈرىدىغان 18

توپ پارىدار بولۇشتەك يامان سۈپەتلىك ئوت ئاپىتى يۈز بەرمىدى. زور ئوت ئاپىتى 1998 - يىلدىكىدىن خېلى ئازايدى.

ئوت ئاپىتى يۈز بېرىشنىڭ سەۋەبلىرى: ئوت ئىشلىتىشتە ئېھتىياتسىزلىق قىلىش تۈپەيلىدىن يۈز بەرگەن ئوت ئاپىتى كۆپ بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ %33.5 ىنى؛ توك كەلتۈرۈپ چىقارغان ئوت ئاپىتى %19.7 نى؛ تاماكا چېكىش كەلتۈرۈپ چىقارغان ئوت ئاپىتى %7.9 نى ئىگىلىدى؛ قالغانلىرى قائىدىگە خىلاپ مەشغۇلات قىلىش، ئوت ئويناش، ئوت قويۇش، ئۆزى ئوت ئېلىپ كېتىش سەۋەبىدىن كۆرۈلدى.

خۇ بو

## قاچقۇن جىنايەتچىلەرنى قوغلاپ تۇتۇش مەخسۇس كۈرىشى

1999 - يىل 5 - ئايدا ج خ نازارىتى مەركىزىي سىياسىي - قانۇن كومىتېتى، ج خ مىنىستىرلىكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايون «قاچقان جىنايەتچىلەرنى قوغلاپ تۇتۇش» خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى. جايلاردىكى ج خ ئورگانلىرى نەچچە يىلدىن بۇيان قېچىپ يۈرگەن جىنايەتچىلەر توغرىسىدىكى ئۇچۇرنى كومپيۇتېرغا كىرگۈزۈپ، قاچقان جىنايەتچىلەرنى تۇتۇشقا تەييارلىق كۆرۈش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلىدى.

بۇ قېتىمقى مەخسۇس كۈرەشنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ۋە نىشانى — مەملىكەت بويىچە ج خ ئورگانلىرىدىكى كومپيۇتېر ئۇچۇر بىرلەشمە تورى ئارقىلىق، گۇمانلىق ئادەملەرنى ئېنىقلاپ، سېلىشتۇرۇپ، بۇلار ئارىسىدىن 1990 - يىلدىن بۇيان دېلو تۇغدۇرغان، تۇتۇش، توختىتىپ قويۇش تەستىقلانغان، قېچىپ يۈرگەن زوراۋان تېررورچى ئۇنسۇرلارنى ۋە باشقا جىنايى ئىشلار جىنايەت گۇماندارلىرىنى ھەمدە قاماقخانا، تۈرمە، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش، تەربىيىلەش ئورۇنلىرىدىن قاچقان جىنايەت گۇماندارلىرىنى، جىنايەتچىلەرنى تۇتۇپ، بىر تۈركۈم جىنايى ئىشلار دېلوسىنى پاش قىلىپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايىتىگە ۋە تۈرلۈك جىنايى ئىشلار جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىپ، قېچىپ يۈرگەن جىنايەتچىلەرنىڭ ئاپتونوم رايون ۋە مەملىكەتنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىغا ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى، مال - مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە يەتكۈزىدىغان زىيىنىنى ئەڭ زور چەكتە ئازايتىپ، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنىڭ مۇقىملىقىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەشتىن ئىبارەت بولدى. 7 - ئايدىن 9 - ئاينىچە يىغىلىپ قالغان دېلو ۋە نەق دېلودىن 9290 ى پاش قىلىندى، جىنايەت گۇرۇھىدىن 367 سى بىتچىت قىلىندى، قېچىپ يۈرگەن جىنايەتچىدىن 1605 ى تۇتۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە توردا تۇتۇلغان قېچىپ يۈرگەن جىنايەتچى 551، ج خ مىنىستىرلىكى نازارەت قىلىپ تۇتقان، تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىپ تۇتقان جىنايەتچى 8 (ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن بىر جىنايەتچىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە). ئۆلكە دەرىجىلىك ج خ ئورگانلىرى نازارەت قىلىپ تۇتقىنى 20، ۋىلايەت دەرىجىلىك ج خ ئورگانلىرى نازارەت قىلىپ تۇتقىنى 17.

خۇ بو

## 100 كۈنلۈك قاتتىق زەربە بېرىش مەخسۇس كۈرىشى

1999 - يىل 1 - ئايدىن 3 - ئاينىچە ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ج خ ئورگانلىرى مىللىي بۆلگۈنچى تايانچ ئۇنسۇرلار، چېكىدىن ئاشقان دىنىي كۈچلەرنىڭ كاتتىباشلىرى، زوراۋان تېررورچىلار ۋە باشقا ئېغىر دەرىجىدە جىنايى ئىشلار جىنايىتى ئۆتكۈزگەن جىنايەتچىلەر ئاساسلىق زەربە بېرىش ئوبيېكتى قىلىنغان 100 كۈنلۈك قاتتىق زەربە بېرىش مەخسۇس كۈرىشىنى قانات يايدۇردى. ئاپتونوم رايون بويىچە زوراۋان تېررورلۇق تەشكىلاتى، گۇرۇھىدىن 22 سى يوقىتىلدى، بۇ تەشكىلات ۋە گۇرۇھلارنىڭ ئەزاسىدىن 330 نەچچىسى قولغا چۈشۈرۈلدى، قۇتۇبى، قۇمۇل، بۈگۈرلەردە بىر تۈركۈم بۆلگۈنچىلىك، پارتلىتىشقا چېتىلىدىغان دېلو داۋاملىق پاش قىلىندى. ئاپتونوم رايون بويىچە تۈرلۈك

---

كىشىلىك ئۆمىكى شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈش ۋە ئالماشتۇرۇش ئېلىپ باردى.

1999 - يىلى تەيۋەنلىك قېرىنداشلاردىن جەمئىي 20 مىڭدىن ئارتۇق كىشى شىنجاڭغا كېلىپ ساياھەت قىلدى، تەجرىبە ئالماشتۇردى، تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىنى يوقلىدى. 220 كىشى تەيۋەنگە تۇغقان يوقلىغىلى باردى. تەيۋەنلىك قېرىنداشلاردىن 3 كىشى شىنجاڭغا كېلىپ ئولتۇراقلاشتى. تەيۋەنلىك قېرىنداشلارنىڭ 230 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى ئىئانىسى تاپشۇرۇۋېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە تەيبېي ساۋ فامىلىلىكلەر فوند جەمئىيىتى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مېيىپلارغا ئىئانە قىلغان 200 دانە 3 چاقلىق غالتەك بار، قىممىتى 120 مىڭ يۈەن. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تەيۋەن «گۇاڭخۇا فوند جەمئىيىتى» دىن بېرىلگەن 100 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى مۇكاپات پۇلىنى تاپشۇرۇۋالدى. شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتى تەيۋەن چىڭگۇڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ 10 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى تەتقىقات خىراجىتى تاپشۇرۇۋالدى.

ۋۇ جۈەنفۇ

قورال - ياراغتىن 49ى (بۇنىڭ ئىچىدە زاۋۇتتا ياسالغان مىلتىق 4، يەرلىك ئۇسۇلدا ياسالغان مىلتىق 33، گاز مىلتىق، بۇيرۇق بېرىش تاپانچىسى، توك بىلەن زەربە بېرىش مىلتىقى 12)، تۈرلۈك ئوقتىن 1207 پاي، پارتلىتىش قۇرۇلمىسىدىن 69ى، پارتلىتىش دورىسىدىن 8.5 كىلوگىرام، مەنبە تەۋرىتىش بومبىسىدىن 8ى، ئۆزى ياسىۋالغان گىراناتتىن 10ى، ئۆزى ياسىۋالغان قول بومبىسىدىن 4ى، كاپسۇلدىن 208ى ۋە بىر تۈركۈم قىلىچ، خەنجەر قاتارلىق قوراللار قولغا چۈشۈرۈلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە مىلتىق ۋە پارتلىتىش قۇرۇلمىسى ياسايدىغان بىر تۈركۈم قورال - سايمان، خام ئەشيا قولغا چۈشۈرۈلدى.

100 كۈنلۈك قاتتىق زەربە بېرىش مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايون بويىچە يەر ئاستى چامباشچىلىقنى مەشىق قىلىش نۇقتىسىدىن 14ى بىتچىت قىلىندى، قانۇنسىز قارىخانىدىن 64ى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئەكسىيەتچىل كىتابتىن 3183 پارچە، ئەكسىيەتچىل ئۈنئالغۇ لېنتىسىدىن 649 قاپ، ئەكسىيەتچىل سىنئالغۇ لېنتىسىدىن 50 قاپ، ئەكسىيەتچىل خەت - چەكتىن 8 پارچە (بۇنىڭ ئىچىدە تەھدىت خېتى 4 پارچە) يىغىۋېلىندى. ئەكسىيەتچىل شوئار دېلوسىدىن 2 سى ئېنىقلىنىپ بىر تەرەپ قىلىندى. خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ، ئىلى قاتارلىق جايلاردا قانۇنسىز دىنىي پائالىيەت باش كۆتۈرۈپ قالغاندا ئۈنۈملۈك چەكلەندى. بىر تۈركۈم تەشكىلاتتا ئەكسىيەتچىل «غازات» تەشۋىقاتى ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بارغان تايانچ ئۇنسۇرلار قانۇن بويىچە قاتتىق جازالاندى.

خۇ بو

## زەھەر جىنايەتچىلىرىگە زەربە بېرىشتىكى بىر تۇتاش ھەرىكەت

1999 - يىل 2 - ئاينىڭ 15 - كۈنىگىچە ج خ نازارىتى جايلاردىكى ج خ ئورگانلىرىنى زەھەر جىنايەتچىلىرىگە مەركەزلەشتۈرۈپ زەربە بېرىش بويىچە 2 ئايلىق بىر تۇتاش ھەرىكەتنى يولغا قويۇشقا ئۇيۇشتۇردى. بۇ جەرياندا، زەھەر سودىسى دېلوسىدىن 97 سى پاش قىلىندى، زەھەر ئېلىپ - ساتقۇچىدىن 133 ى تۇتۇلدى، زەھەر سودىسى گورۇھىدىن 5 ى يوقىتىلدى، 16 مىڭ 324.98 گىرام خېروئىن، 1500 گىرام ئەپيۇن، 51 مىڭ 60 گىرام نەشە، 8.3 كىلوگىرام ئېفېدرىن، 60 مىڭ ئانفلاكتون تابلېتكىسى قولغا چۈشۈرۈلدى، 617 زەھەر چەككۈچى تۇتۇلدى، زەھەر چېكىش ئۇۋىسىدىن 8 ى بىتچىت قىلىندى، 480 ئادەم مەجبۇرىي زەھەر تاشلاتقۇزۇلدى، زەھەر تاشلاتقۇزۇش ئۈچۈن 71 ئادەم ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەندى.

خۇ بو

## پارتلىتىش جىنايىتىگە ۋە قورال - ياراغ ياساش، سودىسى قىلىشقا زەربە بېرىش مەخسۇس كۈرىشى

1999 - يىل 6 - ۋە 10 - ئايلاردا ج خ نازارىتى ج خ مىنىستىرلىكىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايون بويىچە پارتلىتىش بۇيۇملىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، پارتلىتىش جىنايىتىگە قاتتىق زەربە بېرىش مەخسۇس كۈرىشى ۋە قورال - ياراغ ياساش، قورال - ياراغ سودىسى قىلىشقا زەربە بېرىش مەخسۇس كۈرىشىنى قانات يايدۇردى. ئاپتونوم رايون بويىچە قانۇنسىز قورال - ياراغتىن 2166 سى، تۈرلۈك ئوقتىن 13 مىڭ 509 پاي يىغىۋېلىندى. پارتلىتىشقا مۇناسىۋەتلىك ئورۇندىن 1903ى تەكشۈرۈلدى. خەتەرلىك يوشۇرۇن ئاپەتتىن 659 ى بايقالدى، تەرتىپكە سېلىپ ئۆزگەرتىش ئۇقتۇرۇشنامىسىدىن 496 پارچە تارقىتىلدى. تەرتىپكە سېلىپ ئۆزگەرتىش تەدبىرىدىن 380نى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلىندى. ئىجازەتنامىدىن 43ى بىكار قىلىندى. پارتلىتىشقا چېتىلىدىغان ئورۇننىڭ %94نىڭ بىخەتەرلىكىنى تەكشۈرۈش تاماملاندى. 38 مىڭ كىلوگىرامدىن كۆپرەك پارتلىتىش دورىسى، 1 مىليون 590 مىڭ دانىدىن كۆپرەك كاپسۇل، ئاز كەم 920 مىڭ مېتىر ئوت ئالدۇرۇش پىلتىسى، 30 مىڭ مېتىردىن كۆپرەك پارتلىتىش پىلتىسى، 450 كىلوگىرام قارا مىلتىق دورىسى، ئاز كەم 3000 دانە پارتلىتىش نەيچىسى، 69 دانە گىرانات، 256 دانە مەنبە تەۋرىتىش بومبىسى، 69 دانە ئۆزى ياسىۋالغان پارتلىتىش قۇرۇلمىسى، 1714 دانە قول بومبىسى، 2223 دانە قول بومبىسى قېپى، 10 مىڭدىن ئارتۇق تۆشۈك ئېچىش بومبىسى، 408 پاي ئوت ئۆچۈرۈش بومبىسى، 4480 ساليوت پوجاڭزىسى يىغىۋېلىندى. ئۈرۈمچى، بايىنغولىن ۋە تارباغاتاي قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە يەنە مىنىستىرلىك، ئۆلكە دەرىجىلىك نازارەت قىلىپ بېجىرىدىغان بىر تۈركۈم دېلو تەكشۈرۈلۈپ پاش قىلىندى.

خۇ بو

## ئالاھىدە كەسىپلەردە مەنىۋى ئەخلەتلەرنى تازىلاش، قانۇنسىز مەتبەئە بۇيۇملىرىغا زەربە بېرىش مەخسۇس ھەرىكىتى

1999 - يىل 1 - ئايدىن 3 - ئايغىچە ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ج خ ئورگانلىرى ئۇۋۇلاش مۇلازىمەت كەسپى بىلەن مەتبەئەچىلىك كەسپىنى تەرتىپكە سېلىپ، مەنىۋى ئەخلەتلەرنى تازىلاش، قانۇنسىز مەتبەئە بۇيۇملىرىغا زەربە بېرىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى. ئىپپەت نومۇسنى سېتىش، پاھىشىۋازلىق قىلىش دېلوسىدىن 375ى، بۇنىڭغا

چېتىلىدىغان 891 ئادەم تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، قىمارۋازلىق دېلوسىدىن 938ى، بۇنىڭغا چېتىلىدىغان 3531 ئادەم تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى؛ شەھۋانىي بۇيۇملارنى نەشر قىلىش دېلوسىدىن 103ى، بۇنىڭغا چېتىلىدىغان 153 ئادەم تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. گۇرۇمچى شەھىرى، كۇيتۇڭ شەھىرىدىلا شەھۋانىي لازېر نۇرلۇق پىلاستىنكىسىدىن 14 مىڭدىن كۆپرەكى يىغىۋېلىندى. ج خ نازارىتى ش ئۇ ئا ر ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسىغا ماسلىشىپ، قانۇنسىز نەشر بۇيۇمىدىن 80 مىڭدىن كۆپرەكىنى يىغىۋالدى. جايلاردىكى ج خ ئورگانلىرى يەنە باسما كارخانىسىدىن 1727نى ئىنقلاپ، 129 كارخانىغا جەرىمانە قويدى.

كۆز يەسلىدىكى پاھىشىۋازلىق، قىمارۋازلىقنى چەكلەش مەخسۇس ھەرىكىتىدە ئاز كەم 10 مىڭ ساقچى (قېتىم)نى ئىشقا سېلىپ، تورلۇك كۆڭۈل ئېچىش، ئۇۋۇلاش مۇلازىمەت ئورنىدىن 11 مىڭ 350 نى ئىنقلاپ چىقتى، ئېپپەت نومۇسنى سېتىش، پاھىشىۋازلىق قىلىش، قىمار ئويناش دېلوسىدىن 526نى ئىنقلاپ قولغا چۈشۈردى، ئېپپەت نومۇسنى سېتىش، پاھىشىۋازلىق قىلىش گۇرۇھىدىن 15نى بىتچىت قىلدى. ئېپپەت نومۇسنى ساتقان، پاھىشىۋازلىق قىلغانلاردىن 1536نى تۇتتى، پاھىشىۋازلىق قىلىپ، قىمار ئويناپ قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلاردىن 1385نى بىر تەرەپ قىلدى، قانۇنغا خىلاپ تىجارەت قىلغان ئورۇندىن 50نى ئىنقلاپ بىر تەرەپ قىلدى. شەھۋانىي لازېر نۇرلۇق پىلاستىنكىدىن 11 مىڭ 246 نى يىغىۋالدى.

خۇ بو

## تىبەت بۆكىنىنى قانۇنسىز ئوۋلاپ ئۆلتۈرۈشكە زەربە بېرىشنى مەركەزلەشتۈرۈپ بىرلىككە كەلتۈرۈش ھەرىكىتى

1999 ـ يىلى دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسى ئورمانچىلىق ج خ ئىدارىسى شىنجاڭ، چىڭخەي، شىزاڭنى ئۇيۇشتۇرۇپ ۋاكالەت نومۇرى «كۆكشىل 1 ـ نومۇرلۇق ھەرىكەت» دەپ ئاتىلىدىغان تىبەت بۆكىنىنى قوراللىق ئوغرىلىقچە ئوۋلاشقا قارشى تۇرۇشنى مەركەزلەشتۈرۈپ بىرلىككە كەلتۈرۈش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى. بۇ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، مەملىكەتنىڭ ئورمانچىلىق جامائەت خەۋپسىزلىكى بويىچە ئۇيۇشتۇرۇلغان تۇنجى قېتىملىق ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ھالقىغان بىرلەشمە ھەرىكەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن 30 ـ كۈنىگىچە ئورمانچىلىق نازارىتى، ج خ نازارىتى «جۇڭگو شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى تۆمۈر مۇشت — 99، تىبەت بۆكىنىنى قوغداش ھەرىكىتى»نى ئۇيۇشتۇردى. بۇ قېتىمقى ھەرىكەتتىكى ئاساسلىق جەڭگاھ دېڭىز يۈزىدىن 5000 مېتىردىن كۆپرەك ئېگىز بولغان ئالتۇنتاغ دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى بولدى. ھەرىكەت ئەترىتى ش ئۇ ئا ر ئورمانچىلىق جامائەت خەۋپسىزلىكى خەلق ساقچىلىرىنى ئاساس قىلىپ ھەمدە مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئاخبارات مەركىزىي ئىجتىمائىي خەۋەرلەر بۆلۈمى، «جۇڭگو يېشىللىق ۋاقىت گېزىتى»، «شىنجاڭ گېزىتى» قاتارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ 6 مۇخبىرى بولۇپ 68 كىشىدىن، 15 چوڭ ـ كىچىك ئاپتوموبىلدىن تەركىب تاپتى، ئەترەت ئەزالىرى 16 كۈندە 10 مىڭ كىلومېتىردىن كۆپرەك ئايلىنىپ يۈرۈپ، تىبەت بۆكىنىنى قوراللىق ئوغرىلىقچە ئوۋلىغان ئۇنسۇرلار بىلەن 5 قېتىم كەسكىن جەڭ قىلىپ، ياۋايى ھايۋانلارنى بىۋاستە ئوۋلاپ ئۆلتۈرگەن جىنايەت گۇماندارىدىن 19نى (بىرسى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى، بىرسى يارىدار قىلىندى) تۇتۇپ، ئوغرىلىقچە ئوۋ قىلىشقا ئىشلىتىلىدىغان جىپ ماشىنىدىن 6نى، تورلۇك مىلتىقتىن 4نى، 350 پاي ئوقنى قولغا چۈشۈردى، تىبەت بۆكىنى تېرىسىدىن 522 پارچىنى، تىبەت بۆكىنى بېشىدىن 142نى، تىبەت ياۋا ئېشىكى تېرىسىدىن 26 پارچىنى، ئېيىق تاپىنىدىن 12نى، ئېيىق تېرىسىدىن بىر پارچىنى، ئېيىقنىڭ ئىچكى ئەزاسىدىن بىر يۈرۈشنى، سىلەيسۈن تېرىسىدىن بىر پارچىنى، ياۋا قوتاز تېرىسىدىن 6 پارچىنى، ياۋا قوتاز بېشىدىن 2نى قولغا چۈشۈردى، قوراللىق ئوغرىلىقچە ئوۋ ئوۋلىغان گۇرۇھتىن 9نى يوقاتتى، ئوغرىلىقچە ئوۋ ئوۋلىغان ئۇنسۇرلار ئۇۋىسىدىن 12نى بىتچىت قىلدى ھەمدە قاشتېشى، ئالتۇندىن ياسالغان ئەسۋابلارنى ۋە 11 مىڭ 700 يۈەن نەق پۇل ۋە پۇل چېكى قاتارلىق نەرسىلەرنى قولغا چۈشۈردى.

خۇ بو

## ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرىنى ئوغرىلاش، بۇلاش، ئەتكەس قىلىشقا زەربە بېرىش مەخسۇس كۈرىشى

1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ جاي ـ جايلىرىدىكى ج خ ئورگانلىرى ئاپتوموبىل رېمونت قىلىش ۋە كېرەكسىز قىلىنغان ئاپتوموبىلنى يىغىۋېلىش تىجارەت كەسپىنى قېلىپلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرىنى ئوغرىلاش، بۇلاش، ئەتكەس قىلىشقا زەربە بېرىش مەخسۇس كۈرىشىنى داۋاملىق ئۈزلۈكسىز قانات يايدۇردى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئاپتوموبىل رېمونت قىلىش، كېرەكسىز ئاپتوموبىلنى يىغىۋېلىش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇندىن 7635ى ئىنقلاپ تەرتىپكە سېلىندى، 519 ئورۇنغا




ئۈرۈمچى شەھەرلىك زەھەر چەكلەش ئىشخانىسى، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتى ئۈرۈمچى ئەمگەك تەنتەربىيە سارىيىدا زەھەر چەكلەش چوڭ كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزدى.

پاڭ سۈچۈن فوتوسى

جەرىمانە قويۇلدى، يوشۇرۇن ئاپەتتىن 162 سى تۈگىتىلدى، دېلو پاش قىلىشتا 13 يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەندى، ھارام ئاپتوموبىلدىن 48ى تەكشۈرۈپ قولغا چۈشۈرۈلدى، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان 75 ئادەم تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، ئاپتوموبىل رېمونت قىلىش، كىرەكەش قىلىنىغان ئاپتوموبىلنى يىغىۋېلىش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىمدىن 3160ى تەربىيىلەندى. ئۈرۈمچى شەھىرى، سانجى قاتارلىق جايلار يەنە ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرىنى قانۇنسىز سېتىۋالىدىغان، چۆۋۈيدىغان نۇقتىدىن 3نى ئېنىقلىدى ۋە ئەمەلدىن قالدۇردى.

خۇ بو

## قانۇننىڭ ئىجرا قىلىنىشى ئومۇمیۈزلۈك تەكشۈرۈلدى

1999 - يىلى ج خ نازارىتى تەربىيىنى، تۈزۈمنى، نازارەتچىلىكنى، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشنى تۇتۇشتىن ئىبارەت يېتەكچى ئىدىيىگە ئاساسەن، قانۇننىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىلىرىنى داۋاملىق ئويۇشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايوندىكى ج خ ئورگانلىرىنىڭ قانۇننى ئىجرا قىلىش ھەرىكىتىنى تەكشۈردى. تەكشۈرۈشتىكى مۇھىم نۇقتا ج خ مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش تەرتىپىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى، قانۇننى قوللىنىشنىڭ توغرىلىقى، جىنايى ئىشلار بويىچە مەجبۇرلاش تەدبىرىنىڭ قوللىنىلىشى ۋە دېلولارنىڭ خاراكتېرىنى بېكىتىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولدى. تەكشۈرۈش ھەرىكىتى ئارقىلىق، خاراكتېرىنى توغرا بېكىتمەيدىغان، مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلمايدىغان، قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلمايدىغان بەزى مەسىلىلەر تۈزىتىلدى، جايلاردىكى ج خ ئورگانلىرىنىڭ قانۇنچىللىق قۇرۇلۇشى ئالغا سۈرۈلدى، خەلق ساقچىلىرىنىڭ قانۇنچىللىق ئېڭى ۋە قانۇنچىللىق سەۋىيىسى خېلى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈلدى. ئاپتونوم رايوندىكى ج خ ئورگانلىرى ھال - ئەھۋال ئىگىلەپ كەلگەنلەرنى ۋە پاش قىلىش خەت چېكىدىن 223 پارچىسىنى قوبۇل قىلدى، خەلق ساقچىلىرىنىڭ قانۇنغا، ئىنتىزامغا خىلاپ دېلوسىدىن 123نى، بۇنىڭغا چېتىلىدىغان 161 ئادەمنى ئېنىقلاپ بىر تەرەپ قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە مەمۇرىي ئىنتىزام جازاسى بېرىلگىنى 146، 16 خەلق ساقچىسىنى چېكىندۈردى ياكى خىزمەتتىن قوغلىدى.

خۇ بو

## «26 - ئىيۇن» خەلقئارا زەھەر چەكلەش تەشۋىقات كۈنى

«26 - ئىيۇن» خەلقئارا زەھەر چەكلەش كۈنىدە ئاپتونوم رايوننىڭ جاي - جايلىرىدا داغدۇغىسى چوڭ، شەكلى ھەرخىل تەشۋىقات پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلدى.

ش ئۇ ئا ر زەھەر چەكلەش ئىشخانىسى چوڭ تىپتىكى رەسىملىك ژۇرنال «زەھەر چەكلەش شىنجاڭدا» دىن 25 مىڭنى تەھرىرلەپ ۋە نەشر قىلدۇرۇپ جايلارغا ئەۋەتىپ، زەھەر ئەتكەسچىلىرىنى تۇتىدىغان خەلق ساقچىلىرىنىڭ قەھرىمانلىق ئىش - پائالىيىتىنى ۋە زەھەرنىڭ زىيىنىنى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۇەن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت بۇ رەسىملىك ژۇرنالغا بېغىشلىما يېزىپ بەردى.

6 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ش ئۇ ئا ر زەھەر چەكلەش ئىشخانىسى ئاپتونوم رايوندىكى ئاتاقلىق سەنئەتچىلەرنى تەكلىپ قىلىپ ھاياتنى قەدىرلەش، زەھەردىن يىراق تۇرۇش ئاساسىي تېما قىلىنغان زەھەر چەكلەش تەشۋىقاتى ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزدى. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن ھامىدىن نىياز، جۇ شېڭتاۋ، جاڭ يۈەنچۈەن، جاڭ شيۇمىڭ قاتارلىقلار 1000 دىن ئارتۇق تاماشىبىن بىلەن بىللە ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكىگە قاتناشتى.

6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك زەھەر چەكلەش ئىشخانىسى، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتى ئۈرۈمچى نەنمېن تەنتەربىيە سارىيىدا زەھەر چەكلەش چوڭ كۆرگەزمىسى ئۇيۇشتۇردى، 6 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە كۆرگەزمىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغانلار ئاز كەم 110 مىڭغا يەتتى. 6 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى ئوچۇق سوت يىغىنى ئېچىپ، جىنايىتى چېكىدىن ئاشقان 6 نەپەر زەھەر جىنايەتچىسىگە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلدى. 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، ش ئۇ ئا ر زەھەر چەكلەش ئىشخانىسى ئۈرۈمچى شەھەرلىك زەھەر چەكلەش ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ش ئۇ ئا ر خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، سەھىيە نازارىتى، تاموژنا، تۈرلۈك زەھەر تاشلاتقۇزۇش ئورۇنلىرى قاتارلىق 20 نەچچە ئورۇندىكى 100 دىن ئارتۇق ئادەمنى ئۇيۇشتۇرۇپ ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى خەلق مەيدانىدا زەھەر چەكلەش تەشۋىقاتى ۋە قانۇندىن مەسلىھەت بېرىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، زەھەر چەكلەشكە ئائىت تەشۋىقات ماتېرىيالى تارقاتتى، پاش قىلغان ئاممىنى قوبۇل قىلدى، 4 تەشۋىقات ئاپتوموبىلى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئاساسلىق كوچىلاردا ئايلىنىپ يۈرۈپ زەھەر چەكلەشكە ئائىت قانۇن، قائىدە - نىزاملارنى تەشۋىق قىلدى، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئاساسلىق كوچىلىرىغا 200 دانە زەھەر چەكلەش تەشۋىقات لوزۇنكىسى ئاستى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك زەھەر چەكلەش ئىشخانىسى زەھەر كۆيدۈرۈش يىغىنى ئېچىپ، ئاممىنىڭ ئالدىدىلا تۈرلۈك زەھەردىن 130 كىلوگىرامنى كۆيدۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە خىروئىن 25 كىلوگىرام، ئەپيۇن 5 كىلوگىرام، نەشە 100 كىلوگىرام. 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى خوتەن، ئاقسۇ، بايىنغولىن، قۇمۇل، بورتالا، تارباغاتاي، ئالتاي قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە زەھەر چەكلەش تەشۋىقاتى پائالىيىتىنى ئارقا - ئارقىدىن قانات يايدۇردى. تولۇقسىز مەلۇماتقا قارىغاندا، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر قايسى تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى زەھەر چەكلەش مەزمۇن قىلىنغان پروگراممىنى ئاز كەم 80 سائەت ئاڭلاتقان، تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىنىڭ تەشۋىقات خەۋەرلىرى تەخمىنەن 50 سائەت ئاڭلىتىلغان، گېزىت - ژۇرناللارغا بېسىلغان خەۋەر، ماقالە 100 نەچچە پارچىگە يەتكەن.

خۇ بو

## ج خ سىستېمىسىنىڭ 2 - نۆۋەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكى

بۇ كۆرەك 1999 - يىل 10 - ئاينىڭ 15 — 18 - كۈنلىرى ئۆتكۈزۈلدى. 21 ئورۇندىن 500 نەچچە ئارتىس 60 نومۇر ئورۇندىدى. كۆرەك ئاخىرلاشقاندىن كېيىن مۇتەخەسسىسلەر 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن 8نى، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن 15نى، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن 24نى، ئىجادىيەت مۇكاپاتىدىن 8نى باھالىدى. ج خ نازارىتى يەنە تەشكىللەش مۇكاپاتىدىن 12نى باھالىدى.

خۇ بو

# تەپتىشلىك

## ش ئۇ ئا ر خەلق تەپتىش مەھكىمىسى مەسئۇللىرىنىڭ ئىسىملىكى

باش تەپتىش: مەھەممەت يۈسۈپ.

مۇئاۋىن باش تەپتىشلەر: لى گۇيباۋ، تۆلەۋقان يۈتباي (ئايال، قازاق)، قاسىم مامۇت، دۇڭ جيەن، ۋاڭ يىشەن، ۋاڭ جۈن.

## خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق تەپتىشلىكى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرى خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق قاتارلىق ئىقتىسادىي جىنايى دېلو يىپ ئۇچىدىن 2168نى تاپشۇرۇۋېلىپ، دەسلەپتە 1591نى تەكشۈرۈپ، 591نى دېلو تۇرغۇزۇپ تەھقىقلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە، مۇھىم دېلو 39، چوڭ دېلو 199. تەھقىقلىنىپ ئاخىرلاشتۇرۇلغىنى 508، بۇنىڭ ئىچىدە تەكشۈرۈپ ئەيىبلەشكە يوللانغىنى 351، ئەيىبلەنمەيدىغىنى 56. ئەمەلدىن قالدۇرۇلغىنى 101. بىر يىلدا خىيانەت قىلىنغان، پارا ئېلىنغان سومما 50 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، يوتكەپ ئىشلىتىلگەن ھۆكۈمەت پۇلى 100 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى بولغان چوڭ دېلودىن 199ى تەكشۈرۈلۈپ بېجىرىلدى. دېلودىكى ناھىيە - باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى 48 رەھبىرىي كادىر تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. دۆلەت ۋە كوللېكتىپ 55 مىليون 415 مىڭ يۈەن بىۋاستە ئىقتىسادىي زىياندىن ساقلاپ قېلىندى.

پاتىگۈل

## جىنايى ئىشلار تەپتىشلىكى

ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرى ج خ ئورگانلىرىنىڭ 10 مىڭ 925 جىنايەت گۇماندارىنى قولغا ئېلىشنى تەستىقلاش توغرىسىدىكى ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلدى، تەكشۈرۈش ئارقىلىق 9070 ئادەمنى قولغا ئېلىشنى تەستىقلىدى، 261 ئادەمنى قولغا ئېلىشنى قارار قىلدى، 1611 ئادەمنى قولغا ئېلىشنى تەستىقلىمىدى. قولغا ئېلىش تەستىقلانغان 261 ئادەم ئارىسىدا ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك كادىر 12. بىر يىلدا، 287 دېلو تاپشۇرۇۋېلىنىپ دېلو

تۇرغۇزۇشقا نازارەتچىلىك قىلىندى. ج خ ئورگانلىرىدىن 221 دېلونى تۇرغۇزماسلىقنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇش تەلەپ قىلىندى.

ج خ ئورگانلىرى 40 دېلونى بىۋاسىتە تۇرغۇزدى، 163 ئادەمگە چېتىشلىق 132 دېلونى تۇرغۇزماسلىق سەۋەبى يوت تىرەپ تۇرالمايدۇ، دەپ چۈشەندۈرۈلۈپ، ج خ ئورگانلىرىغا دېلو تۇرغۇزۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش قىلىندى. ج خ ئورگانلىرى ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، 142 ئادەمگە چېتىشلىق 101 دېلونى تۇرغۇزدى، 2 تۈردە 141 دېلو تۇرغۇزۇلدى.

1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ ئەيىبلەش تارماقلىرى 17 مىڭ 543 ئادەمگە چېتىشلىق 11 مىڭ 682 دېلونى تەكشۈرۈپ ئەيىبلىدى، 14 مىڭ 245 ئادەمگە چېتىشلىق 9740 دېلونى تەكشۈردى. 13 مىڭ 670 ئادەمگە چېتىشلىق 9424 دېلونى سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلدى. 575 ئادەمگە چېتىشلىق 316 دېلونى ئەيىبلىمىدى. سوت مەھكىمىسى 8974 ئادەمگە چېتىشلىق 6217 دېلونى سوت قىلىپ ئاخىرلاشتۇردى. سوت مەھكىمىسى 8926 ئادەمگە جىنايىتى بار دەپ، 48 ئادەمگە جىنايىتى يوق دەپ ھۆكۈم قىلدى. بىر يىلدا، 167 ئادەمگە چېتىشلىق 99 دېلو بويىچە نارازىلىق ئەرزى قىلىندى. 25 دېلو ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. سوت مەھكىمىسى 53 دېلونى سوت قىلىپ ئاخىرلاشتۇردى، 50 ئادەمگە چېتىشلىق 27 دېلو ئۈستىدىكى ھۆكۈمنى ئۆزگەرتتى، 21 دېلو ئۈستىدىكى ئەسلىدىكى ھۆكۈمى ساقلاپ قېلىندى. 5 دېلو ئۈستىدىكى شىكايەت قايتۇرۇۋېتىلىپ قايتا قاراپ چىقىلدى. ھۆكۈمنىڭ ئۆزگەرتىلىش نىسبىتى 50.9% بولدى.

پاتىگۈل

## تۈرمە، قاماقخانا تەپتىشلىكى

1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ تۈرمە، قاماقخانا تەپتىشلىك تارماقلىرى تۈرمە باشقۇرۇش كادىر ـ ساقچىلىرىنىڭ قانۇننى ئىجرا قىلىش جەريانىدا قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان 14 دېلودىكى 22 ئادەم ئۈستىدە دېلو تۇرغۇزۇپ تەھقىقلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئەيىبلەشكە ئەۋەتىپ بېرىلگەن 13 ئادەمگە چېتىشلىق دېلو 6 (سوت مەھكىمىسى جىنايىتى بار دەپ ھۆكۈم قىلغان)، 3 ئادەمگە چېتىشلىق ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان دېلو 3. تۈرمە ئىچىدە، 107 ئادەمگە چېتىشلىق 88 قايتا جىنايەت ئۆتكۈزۈش دېلوسى قوبۇل قىلىندى. سوت مەھكىمىسى 88 ئادەمگە جىنايىتى بار دەپ ھۆكۈم قىلدى. مۇددىتى توشۇپ ئېشىپ كەتسىمۇ قويۇپ بېرىلمىگەن تۇرلۇك جىنايەت گۇماندارى ۋە جاۋابكاردىن 4191 ى بايقالدى، بۇنىڭ 3729ى تۈزىتىلدى.

392 ئادەمگە چېتىشلىق 392 ئەرز، شىكايەت قىلىنغان دېلو قوبۇل قىلىندى. 24 دېلونى ئۆزى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى. بىر يىلدا 20 مىڭ 416 جىنايەتچىنىڭ جازا مۇددىتىنى قىسقارتىش، شەرتلىك قويۇپ بېرىش، سىرتتا داۋالىنىشقا كېپىللىككە بېرىش ئەھۋالى نازارەت قىلىندى، 97 جىنايەتچىنىڭ جازا مۇددىتىنى نامۇۋاپىق قىسقارتىش تۈزىتىلدى. 14 جىنايەتچىنى نامۇۋاپىق شەرتلىك قويۇپ بېرىش تۈزىتىلدى. 27 جىنايەتچىنى نامۇۋاپىق ھالدا سىرتتا داۋالىنىشقا كېپىللىككە بېرىش تۈزىتىلدى.

پاتىگۈل

## قانۇن ـ ئىنتىزام تەپتىشلىكى

1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ قانۇن ـ ئىنتىزام تەپتىشلىك تارماقلىرى 445 تۈرلۈك قانۇن ـ ئىنتىزام دېلو يىپ ئۇچىنى قوبۇل قىلدى، بۇ 1998 ـ يىلدىكىدىن 28.2% ئۆرلىدى. 365 ى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈلدى، بۇ 1998 ـ يىلدىكىدىن 56% ئۆرلىدى، 86 دېلودىكى 132 ئادەم دېلو تۇرغۇزۇلۇپ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. بۇ 1998 ـ يىلدىكىدىن 19.4% ۋە 22.2% ئۆرلىدى. 1998 ـ يىلى 27 دېلو بېسىلىپ قالغانىدى. 97 ئادەمگە چېتىشلىق 67 دېلونى تەھقىقلەش ئاياغلاشتى. تەھقىقلەپ ئاياغلاشتۇرۇش نىسبىتى 59.2% بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە 60 ئادەمگە چېتىشلىق 41 دېلو ئەيىبلەشكە، 8 ئادەمگە چېتىشلىق 4 دېلو ئەيىبلىمەسلىككە يوللاپ بېرىلدى، 29 ئادەمگە چېتىشلىق 22 دېلو ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. دېلو تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان دېلو ئىچىدە، خىزمەتتە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش تۈرىدىكىسى 62 ئادەمگە چېتىشلىق 47 دېلو. ھوقۇققا دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزۈش تۈرىدىكىسى 70 ئادەمگە چېتىشلىق 39 دېلو.

ئېغىر، ئالاھىدە، چوڭ دېلو 14. دېلو تۇرغۇزۇلغان جىنايەت گۇماندارى ئىچىدە، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى 8 خادىمغا چېتىشلىق دېلو 7، ئەدلىيە ئورگانلىرىدىكى 97 ئادەمگە چېتىشلىق دېلو 57، مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش ئورگانلىرىدىكى خادىملارغا چېتىشلىق دېلو بىر، ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك كادىر 9.

پاتىگۈل

## شىكايەت قىلىش، ئەرز قىلىش ۋە پاش قىلىش خىزمىتى

1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ شىكايەت، ئەرز تەپتىشلىكى تارماقلىرى ئاممىنىڭ 11 مىڭ 571 پارچە (قېتىم) ئەرزىنى، ھال ـ ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەنلەرنى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە،

قوبۇل قىلىنغان خەت - چەك 7896 پارچە، كۆتۈرۈلگەن ھال - ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەنلەر 3675 قېتىم. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك تەپتىش مەھكىمىلىرى پاش قىلىش، تەشۋىق قىلىشنى قانات يايدۇرۇش مۇناسىۋىتى بىلەن 1800 دىن كۆپرەك كادىر - ساقچى (قېتىم) نى، 53 تەشۋىقات ئاپتوموبىلىنى ئىشقا سېلىپ، قانۇندىن مەسلىھەت سورىغان ۋە ئەرز - شىكايەت قىلغان 8769 ئادەمنى قوبۇل قىلدى، قىممىتى بار پاش قىلىش يىپ ئۇچىدىن 307 نى تاپشۇرۇۋالدى. 23 مىڭ 500 پارچىدىن ئارتۇق تەشۋىقات ماتېرىيالى تارقاتتى، 107 سان تەشۋىقات تاختا گېزىتى چىقاردى، بۇلاردىن تەربىيە ئالغان ئامما 240 مىڭغا يەتتى. ھەر دەرىجىلىك ئەرز - شىكايەت تارماقلىرى 200 جىنايى ئىشلار دېلوسىنى قوبۇل قىلىپ، 132 نى دېلو تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈشنى قارار قىلدى، 92 نى قايتا تەكشۈرۈپ بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەسلىدىكى ھۆكۈم ساقلاپ قېلىنغىنى 65، ھۆكۈم ئۆزگەرتىلگىنى 14. جىنايى ئىشلار تەپتىشلىكى تارماقلىرىنىڭ نارازىلىق ئەرزى سۇنۇشقا يوللاپ بېرىلگىنى 11، قايتا قاراپ چىقىش تەكلىپى بېرىلگىنى 2. ئاپتونوم رايون بويىچە 28 جىنايى ئىشلار تۆلەم دېلوسى قوبۇل قىلىندى، ئاياغلاشتۇرۇلغان دېلو ئىچىدە تۆلەم بېرىش قارار قىلىنغان دېلو 11، سوت مەھكىمىسى تۆلەم كومىتېتى تەپتىش ئورگىنىنىڭ 2 دېلوغا تۆلەم تۆلىشىنى قارار قىلدى. 506 مىڭ 762 يۈەن 53 پۇڭ تۆلەم تۆلەندى.

پاتىگۈل

## ھەق - تەلەپ ئىشلىرى ۋە مەمۇرىي ئىشلار تەپتىشلىكى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ ھەق - تەلەپ، ئىقتىسادىي، مەمۇرىي دەۋاسىنى تەپتىش قىلىش تارماقلىرى 1509 ھەق - تەلەپ، مەمۇرىي ئىشلار دېلوسىنى قوبۇل قىلدى. 523نى دېلو تۇرغۇزۇپ تەكشۈردى. 234 نى تەكشۈرۈپ بولدى. 319 نى نارازىلىق ئەرزى سۇنۇشقا ئىلتىماس قىلدى ۋە تەكلىپ بەردى. 165 كە نارازىلىق ئىلتىماسى سۇندى، 49 ىغا تەپتىشلىك پىكرى بەردى، 49 نى باشقىچە بىر تەرەپ قىلدى، سوت مەھكىمىسى 86 نارازىلىق ئەرزىنى قايتا تەكشۈردى، بۇنىڭ 69نىڭ ھۆكۈمىنى ئۆزگەرتتى. ھۆكۈمنىڭ ئۆزگەرتىلىش نىسبىتى %80.2 بولدى.

پاتىگۈل

## تەپتىشلىك تېخنىكىسى ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ تېخنىكا تەپتىشلىك تارماقلىرى تۈرلۈك تېخنىكىلىق تەكشۈرۈشنى تۈگىتىپ، 676 دېلونى باھالاپ بېكىتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، قانۇن دوختۇرى تەكشۈرۈپ باھالاپ بېكىتكىنى 488، ھۆججەت ئارقىلىق تەكشۈرۈپ باھالاپ بېكىتىلگىنى 176. ئەدلىيە بۇغالتىرى تەكشۈرۈپ باھالاپ بېكىتكىنى 12. تۈرلۈك تەكشۈرۈپ باھالاپ بېكىتىشنى بېجىرىشتە 656 پارچە باھالاپ بېكىتىش ئىسپاتى، 13 پارچە تەكشۈرۈش دوكلاتى، 7 پارچە تەھلىل قىلىش پىكرى يېزىلدى ھەمدە دېلو ئەۋەتىلگەن ئورۇن 656 ئىسپات ئاساسى بىلەن تەمىن ئېتىلدى. تەھقىقلەش نىشانىدىن 20 سى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، 20 يازما ئىسپاتنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئەسلىدىكى 18 يەكۈن ئۆزگەرتىلدى.

پاتىگۈل

## تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرى 1805 پارچە مەخسۇس تېمىدىكى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ماقالىسى ۋە دوكلاتى يازدى، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت، تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ گېزىت - ژۇرناللىرى 993 پارچىسىنى ئىشلەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، مەملىكەت خاراكتېرلىك گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغىنى 42 پارچە. ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرى ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ «تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى قارارى»نى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتى بويىچە نىشانلىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە ئىلھاملاندۇرۇش، مۇكاپاتلاش، جازالاش مېخانىزمىنى ئومۇمیۈزلۈك ئورنىتىپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش تاماملانغان نەتىجىلەرنىڭ ئەھۋالى بىلەن ۋەزىپىسىنى، دەرىجىسىنى ئۈستۈرۈشنى ۋە ئەلالارنى باھالاشنى چىڭىتىپ، ئاپتونوم رايون تەپتىش سىستېمىسىنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتىنىڭ چوڭقۇر قانات يېيىشىنى ئالغا سۈردى.

پاتىگۈل

# سوت

## ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مەسئۇللىرى

مەھكىمە باشلىقى: مەھەممەت روزى.

مۇئاۋىن باشلىقلار: چېن جىنچى، چىن جياڭ (ئايال)، ياۋ ياۋۋېن (9 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ھېزىم ئەزىز، خەن دېچىڭ (موڭغۇل)، جاڭ سىمىن.

## جىنايى ئىشلار سوتى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سوت

مەھكىمىلىرى جىنايى ئىشلار بويىچە 1 - سوتتا قاراپ چىقىدىغان دېلودىن 13 مىڭ 693نى قوبۇل قىلىپ، بۇنىڭدىن 13 مىڭ 257 نى سوت قىلىپ ئاخىرلاشتۇردى، ئاخىرلاشتۇرۇلۇش نىسبىتى 96.82% بولدى. ئاخىرلاشتۇرۇلغان دېلو ئىچىدە، 367 ئادەمگە چېتىلىدىغان دۆلەتنىڭ خەۋپسىزلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان جىنايەت دېلوسى 138، پارتلىتىش، قورال - ياراغ، ئوق - دورىلارنى قانۇنسىز ياساش، توشۇش، ئېلىپ - سېتىش، قاتناش ھادىسىسى پەيدا قىلىش قاتارلىق جامائەت بىخەتەرلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان جىنايەت دېلوسى 917. يالغان پۇل سېتىش، ئېلىش، تالون، ھۆججەت ئالدامچىلىقى، توختام ئالدامچىلىقى، قوشۇلما قىممەت بېجى مەخسۇس تالونىنى يالغان كېسىش قاتارلىق سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تەرتىپىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان جىنايەت دېلوسى 265، زەھەر سېتىش، توشۇش، شەھۋانىي بۇيۇملارنى ياساش، سېتىش قاتارلىق شەھۋانىي، زەھەر جىنايىتى دېلوسى 398؛ 416 ئادەمگە چېتىشلىق خىيانەت قىلىش، ھۆكۈمەت پۇلىنى يۆتكەپ ئىشلىتىش، پارا ئېلىش قاتارلىق خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق جىنايىتى دېلوسى 349. سوت قىلىپ ئاخىرلاشتۇرۇلغان باشقا بىر نەچچە خىل ئاساسلىق جىنايى ئىشلار دېلوسى ئىچىدە، قەستەن زىيانكەشلىك قىلىش ۋە ئوغرىلىق قىلىش جىنايىتى دېلولىرىنىڭ سالمىقى چوڭراق بولدى، يەنى قەستەن زىيانكەشلىك قىلىش دېلوسى 4135، ئوغرىلىق قىلىش دېلوسى 3910 بولدى. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى تۈرلۈك جىنايەت دېلولىرىنى سوت قىلىپ ئاخىرلاشتۇرۇش ئارقىلىق، دۆلەت، كوللېكتىپنى 29 مىليون 264 مىڭ 100 يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىياندىن ساقلاپ قالدى.

ۋېي ۋېي

## ھەق تەلەپ سوتى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى 1 - سوتتا قارىلىدىغان 125 مىڭ 44 ھەق - تەلەپ دېلوسىنى قوبۇل قىلىپ، بۇلاردىن 118 مىڭ 741نى سوت قىلىپ ئاخىرلاشتۇردى، دېلو ئاخىرلاشتۇرۇش نىسبىتى 94.96% بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاخىرلاشتۇرۇلغان نىكاھ، ئائىلە ماجىراسىغا ئائىت دېلو 46 مىڭ 342. قەرزگە ئائىت دېلو 53 مىڭ 117. تۆلەم ماجىراسىغا ئائىت دېلو 10 مىڭ 452. ئۆي ماجىراسىغا ئائىت دېلو 2576. كۆچمەس مۈلۈك ماجىراسىغا ئائىت دېلو 611. مىراس ماجىراسىغا ئائىت دېلو 973. جىسمانىي ھوقۇققا دەخلى - تەرۈز قىلىش ماجىراسىغا ئائىت دېلو 744. ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقى ماجىراسىغا ئائىت دېلو 7.

ۋېي ۋېي

## ئىقتىسادىي سوت

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى 1 - سوتتا قاراپ چىقىلىدىغان 31 مىڭ 90 ئىقتىسادىي ماجىرا دېلوسىنى قوبۇل قىلىپ، بۇلاردىن 28 مىڭ 619 نى سوت قىلىپ ئاخىرلاشتۇردى، دېلو ئاخىرلاشتۇرۇش نىسبىتى 92.05% بولدى. دېلو ئاخىرلاشتۇرۇلغان دەۋا ئوبيېكتىغا دائىر سومما 7 مىليارد 796 مىليون يۈەنگە يېتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە سوت قىلىپ ئاخىرلاشتۇرۇلغان تۈرلۈك ئىقتىسادىي توختام ماجىرا دېلوسى 24 مىڭ 372، ئىقتىسادىي زىياننى تۆلەپ بېرىش ماجىراسىغا دائىر دېلو 187، ئىقتىسادىي ھوقۇققا ياتىدىغان ماجىراغا دائىر دېلو 10، قاتناش - ترانسپورت ئىقتىسادىي ماجىراسىغا دائىر دېلو 409. سوت قىلىپ ئاخىرلاشتۇرۇلغان كارخانىنى ۋەيران قىلىش دېلوسى 139، بۇنىڭ ئىچىدە، ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىنى ۋەيران قىلىش دېلوسى 102، غەيرىي ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىنى ۋەيران قىلىش دېلوسى 37. بۇنىڭدىن سىرت يەنە باشقا 3502 ئىقتىسادىي ماجىرا دېلوسى سوتلاندى.

ۋېي ۋېي

## مەمۇرىي سوت

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى 1 - سوتتا قارىلىدىغان 890 مەمۇرىي دېلونى قوبۇل قىلىپ، بۇلاردىن 857 نى سوت قىلىپ ئاخىرلاشتۇردى. سوت قىلىپ ئاخىرلاشتۇرۇش نىسبىتى 96.29% بولدى. سوت قىلىپ ئاخىرلاشتۇرۇلغان دېلو ئىچىدە، مەمۇرىي ئورگاننىڭ قارارى ساقلاپ قېلىنغىنى 300، مەمۇرىي ئورگاننىڭ قارارى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغىنى ۋە ئۆزگەرتىلگىنى 227. دەۋاگەر ئەرزىنى قايتۇرۇۋالغىنى 203، ئەيىبلەش رەت قىلىنغىنى 60، باشقىلىرى 67؛ 1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى يەنە دۆلەتنىڭ تۆلەم تۆلىشىگە دائىر دېلودىن 56نى قوبۇل قىلىپ، بۇنىڭ 52 سىنى سوت قىلىپ ئاخىرلاشتۇردى؛ بۇنىڭ ئىچىدە تۆلەم تۆلەش ھۆكۈم قىلىنغىنى 13، تۆلەم سوممىسى 302 مىڭ 800 يۈەن، تۆلەم تۆلىمەسلىك قارار قىلىنغىنى 4.

ۋېي ۋېي

## ھال - ئەھۋال ئېيتىش، ئەرز سۇنۇش ۋە سوت نازارەتچىلىكى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئاممىدىن كەلگەن خەت - چەكتىن 30 مىڭ

779 پارچە (قېتىم) نى بىر تەرەپ قىلدى، ھال - ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەن 202 مىڭ 24 ئادەم (قېتىم) نى كۈتۈۋالدى، كەلگەن خەت - چەك ئىچىدە ھەق - تەلەپكە ئائىت ئەرز 19 مىڭ 608 پارچە (قېتىم)، ھال - ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەنلەر ئىچىدە ھەق - تەلەپ توغرىسىدا ئەرز قىلغانلار 148 مىڭ 65 ئادەم (قېتىم). 1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى سوت قىلىپ ئاخىرلاشتۇرغان، سوتلاشقا نارازىچىلىق قىلغان دېلو 2798، ھۆكۈمنى ئۆزگەرتكەن ۋە قايتا سوتلاشقا قايتۇرغان دېلو 944 بولۇپ، قايتا سوتلىنىدىغان دېلونىڭ %74.33نى ئىگىلىدى.

ۋېي ۋېي

## ئىجرا قىلىش خىزمىتى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئىجرا قىلىشنى ئىلتىماس قىلىش دېلوسىدىن 92 مىڭ 556 نى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېشىلمەي قالغان دېلو 30 مىڭ 672، ئىجرا قىلىپ ئاخىرلاشتۇرۇلغان دېلو 61 مىڭ 963. ئىجرا قىلىپ ئاخىرلاشتۇرۇلۇش نىسبىتى %95.66 بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 11.74 پىرسەنت پوئىنتى كۆپەيدى. ئىجرا قىلىنغان دېلو ئوبيېكتىغا دائىر سومما 2 مىليارد 533 مىليون يۈەن بولدى. ئىجرا قىلىپ ئاخىرلاشتۇرۇلغان دېلو ئىچىدە مەجبۇرىي ئىجرا قىلىنغىنى 19 مىڭ 834. ئىجرا قىلىش جەريانىدا كېلىشتۈرۈلگىنى ۋە ئۆزلۈكىدىن ئىجرا قىلغىنى 24 مىڭ 984. مۇددەتكە ئايرىپ ئىجرا قىلىنغىنى 2888. ئاخىرلاشتۇرۇلمىغان دېلو ئىچىدە، ئىجرا قىلىش توختىتىلغىنى 3580. ۋاقتىنچە كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىنغىنى 98، قىسمەن ئىجرا قىلىنغىنى 1285.

ۋېي ۋېي

## «ئۈچ يىل» پائالىيىتى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى «ئۈچ يىل» پائالىيىتىنى چىڭ تۇتتى.

**سوتلاش سۈپىتى يىلى پائالىيىتى** سوتلاش سۈپىتى يىلى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشتا، سوتلاش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئەدلىيىنىڭ ئادىللىقىغا كاپالەتلىك قىلىش مەقسەت قىلىندى. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى بۇ پائالىيەت جەريانىدا سوتلاش سۈپىتىنى باھالاپ بېكىتىش ئۆلچىمىنى ئومۇميۈزلۈك تۈزۈپ چىقىپ، سوتلاش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش تەلىپىنى ئايدىڭلاشتۇردى. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى تۈرلۈك دېلودىن 192 مىڭ 844 نى، سوتلاش سۈرىكى ئېشىپ كەتكەن دېلودىن 876نى قوبۇل قىلدى، ئۇزۇنغىچە سۆرىلىپ ھۆكۈم چىقىرىلمايدىغان دېلو زور دەرىجىدە ئازايدى. سوتلاش سۈرىكى ئىچىدە ئاخىرلاشتۇرۇلغان دېلو %55.99نى ئىگىلىدى. 2 - سوتتا قاراپ چىقىلىدىغان دېلودىكى ھۆكۈمنى ئۆزگەرتىش نىسبىتى %14.25 بولدى. كېسىم پۈتۈكلىرىدە، بايان قىلىنغان پاكىت ئېنىق بولدى، ئىسپاتلاپ قائىدە سۆزلەش تولۇق بولدى. 12 - ئايدا سوتلاش سۈپىتىنى باھالاشتا، ئاپتونوم رايوندىكى سوت مەھكىمىلىرىنىڭ 1 - ئايدىن 11 - ئايغىچە سوت قىلىپ ئاخىرلاشتۇرغان دېلولىرىدىكى يېرىمىدىن ئارتۇق دېلونى باھالاش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايوندىكى سوت مەھكىمىلىرى ئەمەلىي گەۋدە بويىچە كېسىم قىلىش نەتىجىسى، دېلو بېجىرىش تەرتىپى، كېسىم پۈتۈكى سۈپىتى بويىچە 95.65 نومۇر ئالدى.

**ئىجرا قىلىش يىلى پائالىيىتى** 1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىجرا قىلىش تەس بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش توغرىسىدىكى 11 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنى ئاكتىپ ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىجرا قىلىش ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتى ۋە بىر تۇتاش باشقۇرۇش - بىر تۇتاش ماسلاشتۇرۇپ ئىجرا قىلىش خىزمىتىنىڭ يېڭى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىپ يولغا قويۇش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئىجرا قىلىش خىزمىتى تۈزۈمىنى قاتتىق قېلىپلاشتۇرۇپ، ئىجرا قىلىش سالمىقىنى ئاشۇردى. ئىجرا قىلىش ئۇسۇلىنى يالغۇزلا مەجبۇرىي ئىجرا قىلىشتىن تۈرلۈك ئىجرا قىلىش ئۇسۇلى بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە ئۆزگەرتتى. ئىجرا قىلىش يىلى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايوندىكى سوت مەھكىمىلىرى بىر يىلدا ئىجرا قىلىپ ئاخىرلاشتۇرغان دېلو 61 مىڭ 963 كە يېتىپ، 1998 - يىلى ئىجرا قىلىپ ئاخىرلاشتۇرۇلغان دېلودىن 24 مىڭ 162 سى كۆپ بولدى.

**مەنىۋى مەدەنىيلىك سىستېمىسى يىلى پائالىيىتى**

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى خەلق رازى بولغان ياخشى سوت مەھكىمىسى بەرپا قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش، خەلق رازى بولغان ياخشى سودىيە بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان مەنىۋى مەدەنىيلىك سىستېمىسى بەرپا قىلىش يىلى پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. ئەدلىيىنىڭ ئادىللىقىنى قوغداش، دېلو بېجىرىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش، خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ نوپۇزىنى تىكلەشنى نىشان قىلىپ، ئىشنى خەلق رازى بولۇشتىن باشلاپ، خەلق رازى بولماسلىقتىن باشلاپ ئۆزگەرتىپ، كېسىم ئادىل بولماسلىق، ئىجرا قىلىش كۈچلۈك بولماسلىق،

ئوبراز ياخشى بولماسلىق قاتارلىق ئامىلىنىڭ ئىنكاسى كۆچلۈك مەسىلىلەرنى نۇقتىلىق ھەل قىلدى. كادىر - ساقچىلارنىڭ چاكارلىق ئېڭى، ئاممىۋى ئېڭى، مۇلازىمەت ئېڭى كۈچەيدى. قانۇننى ئىجرا قىلىش سەۋىيىسى، دېلو بېجىرىش سۈپىتى، خىزمەت ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك ئۆستى. 1999 - يىلى، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىدىن 11 ئادەم (قېتىم) مەملىكەت بويىچە تەقدىرلەنگەندىن سىرت، يەنە ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى قاتارلىق 19 ئورۇن ئاپتونوم رايون بويىچە «خەلق رازى بولغان ياخشى سوت مەھكىمىسى» دېگەن شەرەپلىك نامغا، جاڭ يۈۋېي قاتارلىق 30 يولداش ئاپتونوم رايون بويىچە «خەلق رازى بولغان ياخشى سودىيە» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى. ئاپتونوم رايوندىكى 151 سوت مەھكىمىسىنىڭ 139 ى ناھىيە، شەھەر (رايون) دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مەدەنىي ئورۇن دېگەن نامغا ئېرىشتى، بۇ، ئومۇمىي سوت مەھكىمىسىنىڭ %92.1 نى ئىگىلەيدۇ.

ۋېي ۋېي

## سوت سىستېمىسى بويىچە دۆلەتنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەن ئىلغارلار

1999 - يىلى بېكىتۈەن يېزا ئىگىلىك 6 - شى فاڭشاۋ ضۇ بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى خەلق سوت مەھكىمىسى شىنخۇ خەلق سوتىنىڭ باشلىقى جاۋ پىڭ مەملىكەت بويىچە «خەلق رازى بولغان ئون چوڭ ياخشى سودىيىنىڭ بىرى»، «مەملىكەت بويىچە سوت مەھكىمىسى نەمۇنىچىسى» دېگەن نامغا ئېرىشتى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار سوتى 2 - كوللېگىيىسىنىڭ باشلىقى تۇرسۇن مامۇت، يەنجى ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ئەرز - شىكايەت سوت كوللېگىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاڭ لىخۇا ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە سوت مەھكىمىسى نەمۇنىچىسى» بولۇپ باھالاندى، كۈنەس ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى، بېكىتۈەن يېزا ئىگىلىك 1 - شى ئارال بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى خەلق سوت مەھكىمىسى «مەملىكەتلىك سوت مەھكىمىسى بويىچە نەمۇنە كوللېكتىپ» دېگەن نامغا ئېرىشتى؛ فۇكاڭ شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسى، بۆرچىن ناھىيىلىك خەلق سوت



مەملىكەت بويىچە «خەلق رازى بولغان ئون چوڭ ياخشى سودىيىنىڭ بىرى»، «مەملىكەت بويىچە سوت مەھكىمىسى نەمۇنىچىسى» دەپ نام ئالغان جاۋ پىڭ بېيجىڭدىن قايتىپ كېلىپ ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە بېكىتۈەن شۆبە سوت مەھكىمىسى رەھبەرلىرىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

ۋاڭ شۇلىن فوتوسى

مەھكىمىسى، بېكىتۈەن يېزا ئىگىلىك 8 - شى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى ھەق - تەلەپ سوت كوللېگىيىسى مەملىكەتلىك سوت مەھكىمىسى بويىچە كوللېكتىپ 1 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ ئەنگە ئېلىندى؛ لوپ ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى دول خەلق سوتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئابدۇل مۆمىن «مەملىكەت بويىچە ياش سودىيىلەرنىڭ ئۈلگىسى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى.

ۋېي ۋېي

## «مۇقەددەس تارازا»ناملىق ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكى

1999 - يىل 8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئاپتونوم رايون سوت مەھكىمىسى سىستېمىسى يېڭى جۇڭگو ۋە سوت مەھكىمىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن، ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكى ئۆتكۈزدى. بۇ، ئاپتونوم رايون سوت مەھكىمىسى سىستېمىسى تۇنجى قېتىم ئۆتكۈزگەن ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 8 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى سوت مەھكىمىلىرى تاللاپ ئەۋەتكەن 19 سەنئەت نومۇرى ئوينالدى.

ۋېي ۋېي

## تىپىك دېلولاردىن مىسال

دىلىڭ شىياۋلىننىڭ ئالدامچىلىق دېلوسى

ئەيىبلىگۈچى ئورگان: ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى.

جاۋابكار دىلىڭ شىياۋلىن، ئايال، خەنزۇ، 1958 - يىل 12 - ئاينىڭ 23 - كۈنى تۇغۇلغان. 1983 - يىلى ئالدامچىلىق جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلىكتىن ئۈرۈمچى شەھىرى تىيانشان رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن 4 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. 1987 - يىل 6 - ئايدا قويۇپ بېرىلگەن. قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىشتىن ئىلگىرى ئۈرۈمچى شەھىرى «خۇالبىي» سودا - سانائەت مەركىزىنىڭ دىرېكتورى بولغان.

1995 - يىل 7 - ئايدا جاۋابكار دىلىڭ شىياۋلىن شىنجاڭ زاپاس ماددىي ئەشيالارنى باشقۇرۇش ئىدارىسى «835» باشقارمىسى تىجارەت بۆلۈمىنىڭ دۆلەت زاپاس ئىدارىسىنىڭ يولىيورۇقىغا ئاساسەن، ئەسلىدە زاپاس ساقلانغان «118» مەخسۇس ماددىي ئەشيانى سېتىپ بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۈرۈمچى شەھىرى «خۇالبىي» سودا - سانائەت مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ (بۇ شىركەت تىزىملاتقان مەبلەغ 100 مىڭ يۈەن، قانۇنىي ئىگىسى دىلىڭ شىياۋلىن) دىرېكتورى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن، «835» باشقارمىسى تىجارەت بۆلۈمىنىڭ كەسپىي خادىمى سەي جيەنچىن بىلەن ئالاقىلاشقان. دىلىڭ شىياۋلىن ئۆزىنىڭ «خۇالبىي» سودا - سانائەت مۇلازىمەت مەركىزى ش ئۇ ئا ر ماتارىپ كومىتېتىنىڭ قارمىقىدىكى شىركەت، ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى يېتەرلىك، ھازىر بىز كۆپلىگەن پولات ماتېرىيالغا ئېھتىياجلىق دېگەن ھەمدە «835» باشقارمىسىدىكى دۆلەتنىڭ زاپاس پولات ماتېرىيالىنى سېتىۋېلىش توغرىسىدا ئاغزاكى كېلىشىم ھاسىل قىلغان. 7 - ئاينىڭ 12 - كۈنى دىلىڭ شىياۋلىن شىركەتنىڭ كەسپىي خادىمىنى ئەۋەتىپ، «خۇالبىي» سودا - سانائەت مۇلازىمەت مەركىزى بىلەن كەسپىي ئالاقىسى بار «يۈنكاڭ» شىركىتىنىڭ چېكىنى «835» باشقارمىسىنىڭ تىجارەت بۆلۈمىگە رەنگە قويغان ھەمدە مال ئېلىشقا باشلىغان. 3 كۈندىن كېيىن، دىلىڭ شىياۋلىن يەنە شىركەتنىڭ كەسپىي خادىمىنى ئەۋەتىپ، ئۆزىگە قاراشلىق پولات ماتېرىيال سېتىش ھوقۇقىغا ئىگە «جۇلۇڭ» شىركىتىنىڭ مېمورىئال ھېسابات چېكىنى ئەسلىدە رەنگە قويغان چەك بىلەن ئالماشتۇرغان. 1995 - يىل 7 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە، دىلىڭ شىياۋلىن «835» باشقارمىسى تىجارەت بۆلۈمىدىن 5 مىليون 349 مىڭ 988 يۈەن 80 پۇڭلۇق قىممىتىدىكى 17. 1967 تونىنا تۈرلۈك ئۆلچەمدىكى پولات ماتېرىيالنى ئېلىپ كەتكەن. دىلىڭ شىياۋلىن پولات ماتېرىياللارنى ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن، كۆپ قىسمىنى سېتىۋېلىش باھاسىدىن تۆۋەن باھادا ساتقان، ئاز قىسمىنى بۇرۇنقى قەرزىگە ھېسابلاپ بەرگەن. كېيىن، «835» باشقارمىسى تىجارەت بۆلۈمىنىڭ نەچچە قېتىم سۈيلىشى ئارقىلىق جاۋابكار دىلىڭ شىياۋلىن ئاران 900 مىڭ يۈەن مال پۇلى تاپشۇرغان، قالغان مال پۇلىغا «خۇالبىي» سودا - سانائەت مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ ۋە «جۇلۇڭ» شىركىتىنىڭ قۇرۇق پۇل چېكىنى ۋە تامغىسى ئۇيغۇن بولمىغان مېمورىئال ھېسابات چېكىنى تاپشۇرغان. «835» باشقارمىسى بانكىغا مېمورىئال چەك ئارقىلىق ئامانەت قويۇشقا بارغاندا، ھېساباتتا قالدۇق پۇل يوق ۋە چەكتىكى تامغا ئۇيغۇن ئەمەس دېگەن سەۋەبلەر بىلەن قايتۇرۇۋېتىلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، جاۋابكار دىلىڭ شىياۋلىن «835» باشقارما تىجارەت بۆلۈمىنىڭ نەچچە قېتىم سۈيلىشى ئارقىلىق، قىممىتى 114 مىڭ 50 يۈەن كېلىدىغان پولات ماتېرىيالنى ۋە 180 مىڭ يۈەن مال پۇلىنى قايتۇرغان، دېلو پاش بولغاندىن كېيىن، ج خ ئورگىنى يەنە 31 مىڭ يۈەن ھارام پۇلىنى سۈرۈشتۈرۈپ قايتۇرۇۋالغان، جاۋابكار دىلىڭ شىياۋلىن «835» باشقارمىسىغا 3 مىليون 845 مىڭ 928 يۈەن 80 پۇڭلۇق بىۋاستە ئىقتىسادىي زىيان كەلتۈرگەن.

تەپتىش ئورگىنىنىڭ ئەيىبلىشى

جاۋابكار دىلىڭ شىياۋلىن قۇرۇق پۇل چېكى ۋە ئالدىن قالدۇرۇلغان تامغىسى ئۇيغۇن بولمىغان مېمورىئال ھېسابات چېكىدىن پايدىلىنىپ، قىممىتى 4 مىليون 155 مىڭ 928 يۈەن 80 پۇڭلۇق كېلىدىغان دۆلەت مۈلكىنى ئالداپ ئېلىۋالغان، دۆلەتكە 3 مىليون 845 مىڭ 928 يۈەن 80 پۇڭلۇق بىۋاستە ئىقتىسادىي زىيان كەلتۈرگەن. پۇل سانى كۆپ، ئۇنى قاتتىق جازالاش كېرەك.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى سوتلاش ئارقىلىق مۇنداق دەپ قارىدى: جاۋابكار دىلىڭ شىياۋلىن قۇرۇق پۇل چېكى ۋە تامغىسى ئۇيغۇن بولمىغان مېمورىئال ھېسابات چېكىدىن پايدىلىنىپ دۆلەت مۈلكىنى ئالداپ ئېلىۋالغانلىق توغرىسىدىكى پاكىت پۈت تىرەپ تۇرالايدۇ، ئۇنىڭ قىلمىشى چەك ئالدامچىلىقى جىنايىتىنى شەكىللەندۈرگەن. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى» غا ئاساسەن، تۆۋەندىكىدەك ھۆكۈم چىقىرىلدى.

1. جاۋابكار دىلىڭ شىياۋلىن چەك ئالدامچىلىقى جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلىكتىن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىندى ھەمدە 200 مىڭ يۈەنلىك مال - مۈلكى مۇسادىرە قىلىندى.

2. جاۋابكار دىڭ شياۋلىن ئالداپ ئېلىۋالغان 3 مىليون 845 مىڭ 928 يۈەن 80 پۇڭ سۈرۈشتە قىلىنىپ ئېلىنىدۇ.

1 - سوتتىكى ھۆكۈم ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، جاۋابكار دىڭ شياۋلىن ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز بەرگەن. ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى قاراپ چىقىش ئارقىلىق مۇنداق دەپ قارىغان: ئەرز قىلغۇچى دىڭ شياۋلىن تىجارەت قىلىشقا ئۆزى مەسئۇل بولغان كارخانىنىڭ كۆپ سوممىلىق توختامنى ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ تۇرۇپ، يالغاندىن پاكىت توقۇپ چىقىپ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ئورۇن — ش ئۇ ئا ر ماددىي - ئەشيا زاپاس ئىدارىسى «835» باشقارمىسىنىڭ ئىشەنچىسىنى ئالدامچىلىق بىلەن قولغا كەلتۈرۈۋالغان، بۇ باشقارما بىلەن پولات ماتېرىيال سېتىۋېلىش، سېتىش توغرىسىدا ئاغزاكى كېلىشىم ھاسىل قىلغان. كېلىشىم ھاسىل قىلىنغاندىن كېيىن، ئەرز قىلغۇچى دىڭ شياۋلىن ئۇزاق مۇددەتلىك قەرزۇق پۇل چېكىنى «835» باشقارمىسىغا رەنىگە قويۇپ، ئومۇمىي قىممىتى 5 مىليون 349 مىڭ 982 يۈەن 80 پۇڭ كېلىدىغان 1967.17 توننا پولات ماتېرىيالنى ئېلىپ كەتكەن. پولات ماتېرىيالنى ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن، «835» باشقارمىسىنىڭ ئىشەنچىسىنى ئالدامچىلىق بىلەن قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئالدامچىلىق جىنايى قىلمىشىنى يوشۇرۇش ۋاسىتىلىرىنى قوللىنىپ، «835» باشقارمىسىغا نەچچە قېتىم قەرزۇق پۇل چېكى كېسىپ بەرگەن. ئەرز قىلغۇچى دىڭ شياۋلىننىڭ ئالدامچىلىق قىلمىشى چەك ئالدامچىلىق جىنايىتىنى ئەمەس، بەلكى ئالدامچىلىق جىنايىتىنى شەكىللەندۈرگەن. ئەرز قىلغۇچى دىڭ شياۋلىن ئېلىپ كەتكەن پولات ماتېرىيالنىڭ كۆپ قىسمىنى سېتىۋېلىش باھاسىدىن تۆۋەن باھادا ساتقان، ئاز قىسمىنى بۇرۇنقى قەرزىگە ھېسابلاپ بەرگەن. ئاخىرىدا «835» باشقارمىسىغا 1 مىليون 194 مىڭ 54 يۈەن تاپشۇرغان. ئەرز قىلغۇچى دىڭ شياۋلىننىڭ ئالدامچىلىق قىلمىشى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى» كۈچكە ئىگە بولۇشتىن ئىلگىرى بولغانلىقتىن، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى» كۈچكە ئىگە بولۇشتىن بۇرۇنقى قانۇن، قائىدە - نىزاملىرىغا تەتبىقلاش لازىم. ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ 1995 - يىل 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىكى «نۆۋەتتە ئىقتىسادىي جىنايى دېلولارنى بىجىرىشتە قانۇننى كونكرېت قوللىنىش توغرىسىدىكى بىر قانچە مەسىلىگە جاۋاب» (سىناق نۇسخا) تىكى ئالدامچىلىق جىنايىتىگە ئائىت بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئەرز قىلغۇچى دىڭ شياۋلىن توختام ئالدامچىلىقىدا قوللانغان ۋاسىتە ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ئورۇنغا 3 مىليون 845 مىڭ 928 يۈەن 80 پۇڭ بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان يەتكۈزۈش ئاقىۋىتىگە قاراپ، قىلمىشى ئالاھىدە ئېغىر بولغان ئالدامچىلىق جىنايىتىنىڭ جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش كېرەك. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى» نىڭ 189 - ماددا 2 - تارمىقىغا، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ «نۆۋەتتە ئىقتىسادىي جىنايى دېلولارنى بىجىرىشتە قانۇننى كونكرېت قوللىنىش توغرىسىدىكى بىر قانچە مەسىلىگە جاۋاب» (سىناق نۇسخا) نىڭ 4 - ماددىسى 2 - تارمىقى ۋە 1979 - يىلدىكى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى» نىڭ 152 - ماددىسى ۋە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى» نىڭ 12 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك ھۆكۈم قىلىندى.

1. ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ (1998) ئۈ ئو ج دەسلەپكى 232 - نومۇرلۇق جىنايى ئىشلار ھۆكۈمىنىڭ 1 - تارمىقىدىكى 200 مىڭ يۈەنلىك مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش ۋە 2 - تارمىقىدىكى جاۋابكار دىڭ شياۋلىن ئالداپ ئېلىۋالغان 3 مىليون 845 مىڭ 928 يۈەن 80 پۇڭنى سۈرۈشتە قىلىپ تاپشۇرۇۋېلىش توغرىسىدىكى ھۆكۈمى ساقلاپ قېلىنىدۇ.

2. ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ (1998) ئۈ ئو ج دەسلەپكى 232 - نومۇرلۇق جىنايى ئىشلار ھۆكۈمىنىڭ 1 - تارمىقىدىكى جاۋابكار دىڭ شياۋلىننىڭ جىنايىتىنى بېكىتىشتىكى جىنايەت ئۆلچەش قىسمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ.

3. ئەرز قىلغۇچى دىڭ شياۋلىن ئالدامچىلىق جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلىكتىن مۇددەتسىز قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنىپ، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىندى.

بۇ ئاخىرقى ھۆكۈم.

ۋېي ۋېي

شىنجاڭ سانجى «ياجۇڭ» سودا شەھەرچىسىدىكى 59 يەككە تىجارەتچى بىلەن «ياجۇڭ» سودا شەھەرچىسى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئوتتۇرىسىدىكى تاۋار ئۆي سېتىش باھا ماجىراسى دېلوسى

دەۋاگەر: شىنجاڭ سانجى «ياجۇڭ» سودا شەھەرچىسىدىكى 59 يەككە تىجارەتچى.

ئەرز قىلغۇچىلار ۋەكىلى: ۋۇ شىڭ، ئەر، 57 ياش، خەنزۇ، پېنسىيىگە چىققان ئىشچى.

ئەرز قىلغۇچىلار ۋەكىلى: لى ۋېنجيەن، ئەر، 41 ياش، خەنزۇ، يەككە تىجارەتچى.

ئەرز قىلغۇچىلار ۋەكىلى: سۇلۇڭ شۈجيەن، ئەر، 31 ياش، خەنزۇ، يەككە تىجارەتچى.

ھاۋالە قىلىنغان ۋاكالەتچى: جۇ تىڭجۇەن، شىنجاڭ «شۇاڭيى» ئادۋوكاتلىق ئورنىنىڭ ئادۋوكاتى.

ھاۋالە قىلىنغان ۋاكالەتچى: خۇ يۇۋېن، ئەر، 56 ياش، خەنزۇ، پېنسىيىگە چىققان ئىشچى.

جاۋابكار: شىنجاڭ سانجى «ياجۇڭ» سودا شەھەرچىسى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «ياجۇڭ» سودا شەھەرچىسى دەپ ئېلىنىدى).

ئادرېسى: سانجى شەھىرى «ياجۇڭ» سودا شەھەرچىسى.

قانۇنىي ئىگىسى: تاڭ دېمىڭ، «ياجۇڭ» شىركىتىنىڭ لىدىرى قوشۇمچە باش دىرېكتورى.

ھاۋالە قىلىنغان ۋاكالەتچى: جاڭ چۈنلىن، سانجى شەھەرلىك ئادۋوكاتلىق ئورنىنىڭ ئادۋوكاتى.

ھاۋالە قىلىنغان ۋاكالەتچى: رېن چياڭ، «ياجۇڭ» شىركىتى ئۆي - زېمىن شىركىتىنىڭ دىرېكتورى.

3 - شەخس: سانجى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى.

قانۇنىي ئىگە: ما جۈيچىڭ، سانجى شەھىرىنىڭ باشلىقى.

ھاۋالە قىلىنغان ۋاكالەتچى: دۇڭ يۈخې، سانجى شەھىرى «تۇڭجۇاڭ» ئادۋوكاتلىق ئورنىنىڭ ئادۋوكاتى.

1992 - يىل 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى سانجى شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك ھۆكۈمەت (1992) 48 - نومۇرلۇق ھۆججەت تارقىتىپ، ھۆكۈمەت پۇل ئاجرىتىش، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ۋە شەخسلەر مەبلەغ توپلاش، بانكا قەرز بېرىش چارىسىنى قوللىنىپ، 38 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ «ياجۇڭ سودا شەھەرچىسى» ئۇنىۋېرسال توپ سېتىش بازىرى قۇرۇشنى قارار قىلغان. 8 - ئاينىڭ 5 -، 15 - كۈنلىرى شەھەرلىك ھۆكۈمەتكە ۋەكىللىك قىلغان «ياجۇڭ» سودا شەھەرچىسىنى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش ئىشخانىسى «شىنجاڭ سانجى شەھىرىدە قۇرۇلىدىغان ‹ياجۇڭ› سودا شەھەرچىسى»گە سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ توپلاش ئېلانى ۋە «مەبلەغ توپلاش (مەبلەغ سېلىش) نىڭ كونكرېت چارىسى»نى تارقاتقان. «چارە»دە سودا شەھەرچىسى ئىچىدە تىجارەت قىلىشقا ئىشلىتىلىدىغان ئادەتتىكى ئۆي ۋە 2 قەۋەتلىك تىجارەت زالى بار، تىجارەت قىلىدىغان ئۆينى ئىجارىگە بېرىشكىمۇ، سېتىشقىمۇ بولىدۇ. ئىجارىگە ئالغۇچى 5000 يۈەن مەبلەغ چىقىرىدۇ، ئۆي سېتىۋالغۇچى ئالدى بىلەن 5000 يۈەن مەبلەغ سالىدۇ، ئۇسۇمى بېرىلمەيدۇ. ئۆي پۈتتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۆينىڭ پۈتۈش باھاسىغا جامائەت مۇئەسسەسەسى خىراجىتى ۋە يەر ھەققى قوشۇلۇپ باھاسى ھېسابلىنىدۇ. ئۆي سېتىۋالغۇچى ئۆي پۇلىنى بىر قېتىمدىلا تاپشۇرىدۇ، مۈلۈك ھوقۇقى ئۆزىگە تەۋە بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. 300 دىن ئارتۇق دەۋاگەر «قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش ئىشخانىسى»غا 1 - قارارلىق ئۆي پۇلىنى تاپشۇرغان. 1992 - يىل 11 - ئاينىڭ 16 - كۈنى دەۋاگەرلەرگە «قۇرۇلۇشقا تەييارلىق كۆرۈش ئىشخانىسى»نىڭ 2 - قېتىملىق ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن يەنە 5000 يۈەن تاپشۇرغان، لېكىن سودا شەھەرچىسىنى لايىھىلەش ئۆلچىمى يۇقىرى، مەبلەغ يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن، ئەسلىدە بېكىتىلگەن 1993 - يىلى پۈتكۈزۈش پىلانى سۇغا چىلاشقان. كېيىنكى چاغلاردا دۆلەتنىڭ ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەش سىياسىتى ۋە ھۆكۈمەت فۇنكسىيىسىنىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. 1994 - يىل 3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى 3 - شەخس سانجى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن كېڭەشىش يىغىنى ئاچقان، يىغىندا شىنجاڭ سانجى «ياجۇڭ» سودا شەھەرچىسى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قۇرۇش قارار قىلىنغان. 1994 - يىل 4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشى ئارقىلىق شىركەت رويخەتكە ئېلىنىپ قۇرۇلغان. تىجارەت دائىرىسى ئۆي - زېمىن كەسپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. 1994 - يىل 5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى «قۇرۇلۇشقا تەييارلىق كۆرۈش ئىشخانىسى» جاۋابكارغا مال - مۈلۈكنى ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. بۇنىڭ ئىچىدە شەھەرنىڭ مال - مۈلكى 12 مىليون 200 مىڭ يۈەن، سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مال - مۈلكى 1 مىليون 360 مىڭ يۈەن، شەخسلەر توپلىغان مەبلەغ 5 مىليون 430 مىڭ يۈەن، بانكىدىن ئالغان قەرز پۇل 2 مىليون يۈەن، جەمئىي پۇل 21 مىليون يۈەندىن ئاشقان. كېيىن، سانجى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى (1994) 72 - نومۇرلۇق ھۆججەت ئارقىلىق «سانجى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سودا شەھەرچىسىگە ئائىت بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا قارار» چىقىرىپ، «ياجۇڭ» سودا شەھەرچىسى قۇرۇلۇشىغا ئىشلەتكەن مەبلەغنىڭ ئېلىم - بېرىم ئىشلىرىغا «ياجۇڭ» سودا شەھەرچىسى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى مەسئۇل بولىدۇ، دەپ بەلگىلىگەن. شۇنىڭدىن كېيىن «ياجۇڭ» سودا شەھەرچىسى ھۆكۈمەت تەشكىللىگەن قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش، تىجارەت قىلىشتىن رەسمىي كارخانىغا ئايلانغان. 1994 - يىل 8 - ئايدا سودا شەھەرچىسى پۈتكەن. جاۋابكار «ياجۇڭ» سودا شەھەرچىسى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى سودا شەھەرچىسىنىڭ چوڭ زالىنىڭ 1 - قەۋىتىدىكى ئۆيلەرنى تەقسىم قىلىشنىڭ قىسقىچە نىزامىنى ئېلان قىلغان. بۇ نىزامنىڭ 3 - ماددىسىدا «ھەربىر ئېغىز ئۆينىڭ سېتىلىش باھاسى ۋاقىتىنچە 28 مىڭ يۈەن قىلىپ بەلگىلەندى، 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا قۇرۇلۇشنىڭ

ئەق چوتى ھېسابلانغاندىن كېيىن، كۆپ تاپشۇرغان بولسا، ئاشقان قىسمى قايتۇرۇلىدۇ، كەملىگەن بولسا، ئاز تاپشۇرغان قىسمى تولۇقلاپ ئېلىنىدۇ. ئۆي قۇرۇلۇشىغا مەبلەغ سالغۇچىلار ئۆينى قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلسا، شىركىتىمىز بىجىرىشكە مەسئۇل بولىدۇ، ھەمدە ئايلىق ئۆسۈمى 9.15‰ بويىچە ھېسابلىنىپ پۇل قايتۇرۇلىدۇ، دېيىلگەن. ئاندىن كېيىن، جاۋابكار «ياجۇڭ» سودا شەھەرچىسى 350 دىن ئارتۇق دەۋاگەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يەككە تىجارەتچى بىلەن «ئۆي سېتىۋالغۇچى ئاچقۇچ ئېلىش كېلىشىمنامىسى» ئىمزالىغان ھەمدە ئۆينى ئەمەلىي ئىشلىتىشنى دەۋاگەرگە تاپشۇرۇپ بەرگەن، 1995 - يىلى 2 - ئايدا جاۋابكار «ياجۇڭ» سودا شەھەرچىسى قۇرۇلۇش ئەق چوتىنى تاماملىغاندىن كېيىن، سانجى ئوبلاستلىق باھا ئىدارىسىغا «سودىغا ئىشلىتىلىدىغان ئۆيلەرنىڭ سېتىلىش باھاسى توغرىسىدا دوكلات» يوللىغان. سانجى ئوبلاستلىق باھا ئىدارىسى ش ئۇ ئا ر باھا ئىدارىسىنىڭ ش ب (1995) 6 - نومۇرلۇق ھۆججىتىگە ئاساسەن، تۇرالغۇ ئۆي خاراكتېرىنى ئالمىغان تاۋار ئۆي باھاسى قويۇۋېتىلىدۇ، ئۆي - زېمىن تەرەققىيات كارخانىسى سېتىش باھاسىنى ئۆزى مۇزاكىرە قىلىدۇ، دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇ جاۋابقا ئاساسەن، جاۋابكار «ياجۇڭ» سودا شەھەرچىسى 1996 - يىلى 5 - ئايدا تەكشۈرۈپ تەستىقلانغاندىن كېيىنكى باھا، يەنى ھەر كۋادرات مېتىرنىڭ باھاسى 1867.07 يۈەن ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلغان. سودا شەھەرچىسى قۇرۇلۇشىنىڭ تارىخىي سەۋەبلىرى ۋە مەبلەغ قوشقانلارنىڭ مەنپەئىتى كۆزدە تۇتۇلۇپ، ھەر كۋادرات مېتىردا 346.87 يۈەن ئېتىبار بېرىلىپ، ئەمەلىيەتتە ھەر كۋادرات مېتىرنىڭ باھاسى 1520.20 يۈەن قىلىپ بېكىتىلگەن ۋە مەبلەغ قوشقان 300 نەچچە يەككە تىجارەتچى بىلەن تاۋار ئۆي سېتىۋېلىش - سېتىش توختامى ئىمزالانغان ھەمدە ئۆي - مۈلۈك گۇۋاھنامىسى بېجىرىپ بېرىلگەن، بۇ، 59 دەۋاگەر ئىچىدىكى 15 يەككە تىجارەتچىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. كېيىن 59 دەۋاگەر جاۋابكار «ياجۇڭ» سودا شەھەرچىسى ئۆي پۇلىنى كۆپ ئالدى دەپ قاراپ، ئىككى تەرەپ سانجى ئوبلاستلىق باھا ئىدارىسى باھا ئىشلىرى ئورنى بىلەن ش ئۇ ئا ر باھا ئىشلىرى ئورنىغا ئۆي باھاسىنى باھالاپ بېكىتىپ بېرىشنى ھاۋالە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا بىرلىككە كېلەلمىگەن. 59 دەۋاگەر يەككە تىجارەتچى سانجى ئوبلاستلىق ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلغان.

سانجى ئوبلاستلىق ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى قاراپ چىققاندىن كېيىن مۇنداق دەپ ھېسابلىغان: 3 - شەخس سانجى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى «مەبلەغ توپلاش (مەبلەغ سېلىش) نىڭ كونكرېت چارىسى» دا، تىجارەت قىلىدىغان ئۆيلەرنى ئىجارىگە بېرىشكىمۇ، سېتىشقىمۇ بولىدۇ، ئۆي سېتىۋالغۇچى ئالدى بىلەن 5000 يۈەن تاپشۇرۇپ مەبلەغ سالىدۇ، دەپ بەلگىلىگەن. دەۋاگەر تەرەپ «چارە»گە ئاساسەن ئالدى بىلەن 5000 يۈەن تاپشۇرغان. بۇ ماھىيەتتە تاۋار ئۆي سېتىۋېلىشتا ئالدىن پۇل تاپشۇرۇش ھەرىكىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا شەكىللەنگىنى تاۋار ئۆي سېتىۋېلىش - سېتىشتىكى ھەق - تەلەپ قانۇنىي مۇناسىۋىتى. دەۋاگەر ئوتتۇرىغا قويغان ئۆينىڭ ئەمەلىي پۈتۈش باھاسى بويىچە پۇل ئېلىش توغرىسىدىكى ئەرز تەلىپىنى قوللاشقا بولمايدۇ. دەۋاگەر جاۋابكاردىن ئۆينى ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇپ بېرىش ۋاقتىنى ئۇزارتىۋېتىپ توختامغا خىلاپلىق قىلغان مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشنى تەلەپ قىلدى، لېكىن دەۋالاشقۇچىلار ئوتتۇرىسىدا قۇرۇلۇشنى ۋاقتىدا تاماملىيالمىسا توختامغا خىلاپلىق قىلغان مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش توغرىسىدا ۋەدە يوق. شۇڭا بۇ ئەرز تەلىپى پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەق - تەلەپ قانۇنىنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپى» دىكى 57 - ماددا، «ئىقتىسادىي توختام قانۇنى» دىكى 6 - ماددا ۋە 30 - ماددا، «يەر باشقۇرۇش قانۇنى» دىكى 7 - ماددا ۋە 11 - ماددا، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ،ھەق - تەلەپ دەۋا قانۇنى، نى تەتبىقلاشقا ئائىت بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا پىكىر» دىكى 156 - ماددىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، تۆۋەندىكىدەك ھۆكۈم چىقىرىلدى:

دەۋاگەر «ياجۇڭ» سودا شەھەرچىسىدىكى 59 يەككە تىجارەتچىنىڭ ئەرز ئىلتىماسى رەت قىلىندى.

1 - سوتتا قاراپ چىقىلغان ھۆكۈم ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، 59 يەككە تىجارەتچى قايىل بولماي، ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلىپ، مەبلەغ سالغۇچى سالاھىيىتى بىلەن دەۋاگەر بىلەن جاۋابكار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بەلگىلەشنى، ئەرز قىلىنغۇچى «ياجۇڭ» سودا شەھەرچىسى ئۆي باھاسىنى يېڭىۋاشتىن بەلگىلەشنى ھەمدە سانجى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى توختامغا خىلاپلىق قىلغانلىق مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشنى تەلەپ قىلغان. ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئەسلىدىكى ھۆكۈمنى قاراپ چىقىپ پاكىت راست دەپ قەيت قىلغان.

ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى مۇنداق دەپ قارىغان: سانجى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى «ياجۇڭ» سودا شەھەرچىسى قۇرۇلۇشىدا ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىنى يۈرگۈزگەن، ئۇ «ياجۇڭ» سودا شەھەرچىسىنى ياساتقۇچى ۋە ئۆيلەرنى ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇپ بېرىش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالغۇچى تەرەپ ئەمەس. سانجى

شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى بۇ دېلودا دەۋاگەر تەرەپ بىلەن ھېچقانداق ھەق - تەلەپ قانۇنى مۇناسىۋىتى شەكىللەندۈرمىگەن. شۇڭا ھېچقانداق قانۇنىي جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالمايدۇ. دەۋاگەر تەرەپنىڭ 3 - شەخس سانجى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى بۇ ماجىرادا توختامغا خىلاپلىق قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك، دەپ قارىغان سەۋەبلىرى يۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. دەۋاگەرنىڭ بۇ تەلىپىنى قوللاشقا بولمايدۇ. دەۋاگەر بىلەن جاۋابكار «تاۋار ئۆي سېتىۋېلىش - سېتىش توختامى» ئىمزالىغان ھەمدە ئۆي - مۈلۈك ھوقۇقى گۇۋاھنامىسى ئالغان. بۇ، تاۋار ئۆي سېتىۋېلىش - سېتىش مۇناسىۋىتىنىڭ ئورنىتىلغانلىقىنى ۋە ئاخىرلاشقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. دەۋاگەر ئەگەر ئۆي باھاسىدا خاتالىق بار دەپ قارىسا، سوت مەھكىمىسىگە تاۋار ئۆي سېتىۋېلىش - سېتىش ھەرىكىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش توغرىسىدا ئەرز قىلسا بولىدۇ، لېكىن ئەرز بىلەن بۇ دېلو ئوخشاش ھەق - تەلەپ قانۇنى مۇناسىۋىتىدە ئەمەس. شۇڭا ئايرىم ئەرز قىلىش كېرەك. دەۋاگەر ئۆزىنى «ياجۇڭ» سودا شەھەرچىسىگە مەبلەغ سالغۇچى دەپ قاراپ، ئۆيىنىڭ ئەمەلىي پۈتۈش باھاسى بويىچە پۇل تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلىشىنىڭ توختام ئاساسى ۋە پاكىت ئاساسى يوق. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەق - تەلەپ دەۋا قانۇنى» دىكى 153 - ماددىنىڭ 1 - تارماق 1 - تۈرى ۋە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەق - تەلەپ قانۇنىنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپى» دىكى 56 -، 78 - ماددىلىرىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، تۆۋەندىكىدەك ھۆكۈم چىقىرىلدى:

يۇقىرىغا قىلىنغان ئەرز رەت قىلىنىپ، ئەسلىدىكى ھۆكۈم ساقلاپ قېلىنسۇن.

ۋېي ۋېي

# ئەدلىيە

## قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش، قانۇن بويىچە تۈزەش خىزمىتى

1999 - يىل 3 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ش ئۇ ئا ر قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئىشخانىسى ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئىچكى ئىشلار ئەدلىيە كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى قانۇنچىلىق ئىدارىسى، ئەدلىيە نازارىتى بىلەن بىرلىكتە ئاپتونوم رايونلۇق ئاساسىي قانۇننىڭ تۈزىتىلگەن لايىھىسىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش ئېيى پائالىيىتى بويىچە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئاچتى. تەشۋىقات ئېيى مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايون بويىچە 2358 تەشۋىقات نۇقتىسى تەسىس قىلىندى، 2216 تەشۋىقات ئاپتوموبىلى (قېتىم) ئىشقا سېلىندى، ئاز كەم 40 مىڭ پارچە ئۆگىنىش ماتېرىيالى تارقىتىلدى، 30 مىڭ ساندىن ئارتۇق قارا تاختاي گېزىتى چىقىرىلدى، 20 مىڭدىن ئارتۇق لوزۇنكا ئېسىلدى. 12 - ئاينىڭ 13 — 17 - كۈنلىرىچە ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ش ئۇ ئا ر قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئىشخانىسى، ئەدلىيە نازارىتى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاۋۇمىنىڭ ئىگىزلىك قانۇننى تەشۋىق قىلىش ھەپتىلىكى پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. ش ئۇ ئا ر قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئىشخانىسى 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ 3 - بەش يىللىق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش لېكتورلار ئۆمىكىنى تولۇقلاپ تەشكىللىدى ھەمدە لېكتورلار ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرىنى سانجى، ئاقسۇ، ئىلى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ 50 مەيدان قانۇنچىلىق لېكسىيىسى سۆزلەشكە ئۇيۇشتۇردى. 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ش ئۇ ئا ر قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئىشخانىسى «1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى رەھبەرىي كادىرلارنىڭ قانۇن ئۆگىنىش، قانۇندىن پايدىلىنىش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. 4 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ش ئۇ ئا ر قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى، ئەدلىيە نازارىتى بىرلىكتە ئاپتونوم رايونلۇق نازارەت (ئىدارە) دەرىجىلىك رەھبەرىي كادىرلارنىڭ 1999 - يىللىق قانۇنچىلىق لېكسىيىسى ئۇيۇشتۇردى. لېكسىيە ئاڭلاشقا 500 دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى. 10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ش ئۇ ئا ر قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئىشخانىسى «رەھبەرىي كادىرلارنىڭ قانۇنچىلىق لېكسىيە خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. ئاپتونوم رايوندىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ش ئۇ ئا ر قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئىشخانىسىنىڭ 1999 - يىلى كادىرلاردىن قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە ئىمتىھان ئېلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن ئىمتىھان ئېلىش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى. 2 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ش ئۇ ئا ر قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر مائارىپ كومىتېتى، ئەدلىيە نازارىتى بىرلىكتە «ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپلەردە قانۇنچىلىق لېكسىيىسى ئۇيۇشتۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. 5 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ش ئۇ ئا ر قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئىشخانىسى ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە ئاپتونوم رايوندىكى كارخانا باشقۇرۇش خادىملىرى ۋە يەككە

تىجارەتچىلەردىن قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە ئىمتىھان ئالدى. ش ئۇ ئا ر قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئىشخانىسى تۈزگەن «ئاپتونوم رايوننىڭ خارجى ئىشلار توپۇسىنىڭ قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسىنى باشقۇرۇش چارىسى» سىناق قىلىنىدىغان ناھىيە (رايون) لەردە سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدى. 7 - ئاينىڭ 26 — 28 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئىشخانىسى ش ئۇ ئا ر پارتىيە مەكتىپىدە، ئاپتونوم رايوننىڭ 3 - بەش يىللىق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تايانچىلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى، تەربىيىلەشكە ئاپتونوم رايوندىكى ۋىلايەتلەر، تارماقلاردىكى قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تايانچىدىن 150 نەچچىسى قاتناشتى.

3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ش ئۇ ئا ر قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئىشخانىسى «ئاپتونوم رايوننىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا 3 - بەش يىللىق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش، قانۇن بويىچە تۈزەش خىزمىتىنىڭ ئۆلچىمى ۋە سىناقنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشنى يولغا قويۇش تەپسىلىي پرىنسىپى» نى تارقاتتى. 5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ش ئۇ ئا ر قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئىشخانىسى «ناھىيىلەرنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدا پىكىر» نى تۈزۈپ تارقاتتى. ش ئۇ ئا ر قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئىشخانىسى 10 ساھەدىن قانۇن بويىچە تۈزەشنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 31 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايوندىكى نازارەت (ئىدارە) دەرىجىلىك 130 ئورۇننىڭ قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش، قانۇن بويىچە تۈزەش خىزمىتىنى تەكشۈردى. بۇلاردىكى 5 ئورۇنغا تەرتىپكە سېلىپ ئۆزگەرتىش پىكرىنى بەردى.

8 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن باشلاپ، ش ئۇ ئا ر قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئىشخانىسى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ئاپتونوم رايون بويىچە 2 - قېتىملىق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش، قانۇن بويىچە تۈزەش نەتىجىلىرى كۆرگەزمىسى ئۇيۇشتۇردى، كۆرگەزمە 3 ئاي داۋاملاشتى، ئاپتونوم رايوندىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە سەييارە كۆرگەزمە قىلىندى. 1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئىشخانىسى تاللاپ ئەۋەتكەن «قۇم دېڭىزىدىكى ئارازا» مەملىكەت بويىچە 5 - نۆۋەتلىك قانۇنچىلىق تېلېۋىزىيە پروگراممىسى «ئالتۇن شەمشەر مۇكاپاتى» نى باھالاشتا، قانۇنچىلىق ژانىرى قىسقا تېلېۋىزىيە تىياتىرى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. «قىزغىن تۈرمە ساقچىسى» قانۇنچىلىق ژانىرى ئوتتۇرا تېلېۋىزىيە تىياتىرى بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

1999 - يىل 12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى بىرلىكتە «ئاپتونوم رايونلۇق ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. ش ئۇ ئا ر ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىغا ۋاڭ لېچۈەن باشلىق، قېييۇم باھاۋۇدۇن، جاڭ ۋېنيۆ، جۇ شېڭتاۋ، ما جيەنگولار مۇئاۋىن باشلىق بولدى. رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ قارمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىندى، ئەدلىيە نازارىتىنىڭ نازىرى روزى ئىسمايىل قوشۇمچە مۇدىر بولدى. ئىشخانا ئەدلىيە نازارىتىدە تەسىس قىلىندى.

فېڭ جيەنجياڭ

## ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خىزمىتى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئورنى 129 غا، ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خادىمى 367 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 2 - دەرىجىلىك ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خادىمى 14. 3 - دەرىجىلىك ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خادىمى 64. 4 - دەرىجىلىك ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خادىمى 94. ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئاپپاراتى بىر يىلدا 102 مىڭ 317 ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقىنى بېجىردى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىچىدىكى ھەق - تەلەپكە دائىر ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى 29 مىڭ 569، ئىقتىسادىي تۈردىكى ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى 72 مىڭ 748. چەت ئەلگە ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېندىن تەيۋەنگە چېتىلىدىغان ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى 13 مىڭ 498. بىر يىلدا 7 مىليون 550 مىڭ يۈەن ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ھەققى ئېلىندى، مال - ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەن 46 مىڭ 449 ئادەم (قېتىم) ئامما كۈتۈۋېلىندى. 678 پارچە خەت - چەك بىر تەرەپ قىلىندى. 332 ئەدلىيە تەكلىپى بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە قوبۇل قىلىنغىنى 296. ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقىنى بېجىرىش ئارقىلىق، 246 قانۇنسىز ئىقتىسادىي ھەرىكەت پاش قىلىندى ۋە چەكلەندى، بۇنىڭغا چېتىشلىق سومما 1 مىليون 350 مىڭ يۈەن.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى سېپىدە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى نىزامى» ئەستايىدىل ئىجرا قىلىنىپ، ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى مۇلازىمەت ساھەسى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىلدى ھەمدە مەدەنىي ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئورنى بەرپا قىلىش، مۇنەۋۋەر ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خادىمى بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى باشقارمىسى مەملىكەت بويىچە مىنىستىرلىك دەرىجىلىك مەدەنىي ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئورنى بولۇپ

ياماللاندى. شەھەرلىك ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى گۇرنى قاتارلىق 5 ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى گۇرنى ئاپتونوم رايون بويىچە ئەدەنىي ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئورنى بولۇپ باھالاندى. گو يۇخۇا قاتارلىق 15 ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خادىمى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خادىمى بولۇپ باھالاندى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئورنى، ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خادىملىرىنى رويخەتكە ئېلىش خىزمىتى تاماملاندى. ئاپتونوم رايوندىكى 129 ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى كەسپىي ئورنى، 358 ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى كەسپىي خادىمى رويخەتكە ئېلىندى ۋە ئېلان قىلىندى. ئىش ئورنىدىن يۆتكىلىپ كەتكەن 6 ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خادىمىنىڭ كەسپىي سالاھىيىتى ئېلىپ تاشلاندى. ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقىنىڭ سۈپىتى تەكشۈرۈلدى، 27 ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئورنى، 1080 ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئارخىپى ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى.

1999 - يىلى «توختام قانۇنى» بويىچە بىر قارار تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭدا 2 قارار ئاز سانلىق مىللەت ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خادىملىرىنىڭ كەسپ ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلىپ، 180 ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خادىمى تەربىيىلەندى، 8 ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خادىمى ئەدلىيە مىنىستىرلىكىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خادىملىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىغا ۋە چەت ئەلگە، تەيۋەنگە چېتىلىدىغان ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى كۇرسىدا بىلىم ئاشۇرۇش، ئۆگىنىشكە قاتنىشىشقا تاللاپ ئەۋەتىلدى.

1999 - يىلى شىنجاڭ ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خادىملىرى جەمئىيىتى غەربىي قىسمىدىكى 9 ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننىڭ 6 - نۆۋەتلىك بىرلەشمە يىغىنىنى ئېچىپ، 12 ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خادىمىنى ئىچكىرىدىكى دېڭىز بويلىرى رايونلىرىدا داۋالانغاچ دەم ئېلىشقا ئورۇنلاشتۇردى. شىنجاڭ ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خادىملىرى جەمئىيىتى تەيۋەن دېڭىز بوغىزى فوندى جەمئىيىتىگە ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى گۇۋاھنامىسىنىڭ قوشۇمچە نۇسخىسىدىن 107نى ئەۋەتىپ بەردى، دېڭىز بوغىزى فوندى جەمئىيىتى ئەۋەتكەن ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى گۇۋاھنامىسىنىڭ قوشۇمچە نۇسخىسىدىن 43 نى تاپشۇرۇۋالدى.

جياڭ جېن

## خەلق مۇرەسسە خىزمىتى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە (بىڭتۇەننى شۇنىڭ ئىچىدە) خەلق مۇرەسسە ھەيئىتى 22 مىڭ 416گە، مۇرەسسە خادىمى 89 مىڭ 69 غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىدىكى مۇرەسسە ھەيئىتى 12 مىڭ 395؛ ئاھالىلەر كومىتېتىدىكى مۇرەسسە ھەيئىتى 2204، زاۋۇت، كان، كارخانىلاردىكى مۇرەسسە ھەيئىتى 4776، بىرلەشمە مۇرەسسە ھەيئىتى 327، سودا بازارلىرىدىكى مۇرەسسە ھەيئىتى 129. كۆچمە نوپۇس توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايوندىكى مۇرەسسە ھەيئىتى 46. باشقا مۇرەسسە ھەيئىتى 2539. بۇنىڭدىن سىرت، 2390 كارخانىدا مۇرەسسە قىلىشنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى قۇرۇلۇپ، 6199 خادىم سەپلەپ بېرىلدى. يەنە 2009 كارخانىغا مەخسۇس خەلق مۇرەسسە كادىرىدىن 3045ى سەپلەپ بېرىلدى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى تۈرلۈك مۇرەسسە تەشكىلاتلىرى خەلق ئىچىدىكى تۈرلۈك ماجىرادىن 87 مىڭ 559 نى مۇرەسسە قىلدى، 82 مىڭ ماجىرانى مۇرەسسە قىلىش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى 93.65% بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە مۇرەسسە قىلىنغان نىكاھ ماجىراسى 24 مىڭ 106 بولۇپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى 95.10% بولدى؛ مۇرەسسە قىلىنغان مىراس ماجىراسى 3537 بولۇپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى 92.55% بولدى؛ مۇرەسسە قىلىنغان بېقىش ماجىراسى 3661 بولۇپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى 87.84% بولدى؛ مۇرەسسە قىلىنغان نىكاھ، ئائىلە ماجىراسىغا مۇناسىۋەتلىك ماجىرا 7001 بولۇپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى 88.84% بولدى؛ مۇرەسسە قىلىنغان قوشنىلار ماجىراسى 14 مىڭ 100 بولۇپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى 97.17% بولدى. مۇرەسسە قىلىنغان ئۆي ئورنى ماجىراسى 5787 بولۇپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى 93.91% بولدى؛ مۇرەسسە قىلىنغان قەرز ماجىراسى 7828 بولۇپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى 89.36% بولدى. مۇرەسسە قىلىنغان ئىشلەپچىقىرىش - ئىگىلىك باشقۇرۇش ماجىراسى 9098 بولۇپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى 95.24% بولدى؛ مۇرەسسە قىلىنغان تۆلەم ماجىراسى 4951 بولۇپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى 95.56% بولدى؛ مۇرەسسە قىلىنغان باشقا ماجىرا 7490 بولۇپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى 93.80% بولدى؛ بىرلەشمە مۇرەسسە ھەيئىتى مۇرەسسە قىلغان ماجىرا 805 بولۇپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى 95.28% بولدى. مۇرەسسە قىلىش ئارقىلىق، 2049 ئادەمگە چېتىلىدىغان خەلق ئىچىدىكى 1054 ماجىرانىڭ، 782 ئادەمگە چېتىلىدىغان خەلق ئىچىدىكى 535 ماجىرانىڭ جىنايى ئىشلار دېلوسىغا ئايلىنىپ قېلىشىنىڭ، 301 قېتىملىق ئاممىۋى سوقۇشۇشنىڭ 4532 ئادەمگە چېتىلىدىغان 41 قېتىملىق ئاممىۋى يۇقىرىغا ئەرز قىلىشنىڭ ئالدى ئېلىندى.

خەلق ئىچىدىكى ماجىرانى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش، تۈزەش خىزمىتى جەريانىدا، ناھىيە، شەھەر، رايون (بىڭتۇەننىڭ شى - تۇەنلىرى) ماجىرانى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش ئىشىنى 525 قېتىم قانات يايدۇرۇپ، 1585 ماجىرانى مەخسۇس ئوڭشىدى، جىنايەت يىپ ئۇچىدىن 704نى پاش قىلدى، 425 نى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا ئۆتكۈزۈپ بەردى.

1999 - يىلى 6947 خەلق مۇرەسسە ھەيئىتى تەرتىپكە سېلىندى، 53 مىڭ 38 مۇرەسسە خادىمى تەربىيىلەندى. ئاپتونوم رايون بويىچە 1 - خىلدىكى مۇرەسسە ھەيئىتىدىن 12 مىڭ 175 ى، 2 - خىلدىكى مۇرەسسە ھەيئىتىدىن 7961ى، 3 - خىلدىكى مۇرەسسە ھەيئىتىدىن 2251ى بار. بىر يىلدا 1631 ئىلغار كوللېكتىپ، 2528 ئىلغار شەخس ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت ۋە ئەدلىيە مەمۇرىي تارماقلىرى تەرىپىدىن تەقدىرلەندى. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە خەلق مۇرەسسە خادىملىرىغا 2000 دىن ئارتۇق كەسىپ گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلدى.

ليۇ رۇڭ

## ئەدلىيە ئورۇنلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا - بازار، مەھەللىلىرىدە، بىڭتۇەننىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۇەن - مەيدانلىرىدا 1060 ئەدلىيە ئورنى قۇرۇلۇپ، 1869 ئەدلىيە ياردەمچىسى (بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئەدلىيە ياردەمچىسى 1786) ، 2386 خىزمەتچى خادىم سەپلەندى. بىر يىلدا ئەدلىيە ياردەمچىلىرى خەلق ئىچىدىكى تۈرلۈك ماجىرادىن 24 مىڭ 290نى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە مۇرەسسە قىلىنغان ماجىرا 21 مىڭ 390، بىر تەرەپ قىلىش قارارى چىقىرىلغىنى 3403. 10 مىڭ 52 تۈرلۈك ماجىرا خەلق مۇرەسسە ھەيئەتلىرىگە ياردەملىشىپ مۇرەسسە قىلىندى، قانۇن 26 مىڭ 36 مەيدان (قېتىم) تەشۋىق قىلىنىپ، 10 مىليون 380 مىڭ ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى. 431 قېتىم ئاممىۋى سوقۇشۇش توسۇپ قېلىندى. 3073 قېتىم يېزا، بازار، مەھەللە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرى (فېرمىلىرى) قانۇن بويىچە ئوڭشالدى. ئاساسىي قاتلام ھۆكۈمەتلەرگە 2426 ئەدلىيە تەكلىپى بېرىلدى، بۇنىڭ 1746 سى ئاساسىي قاتلام ھۆكۈمەتلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى. ئاساسىي قاتلام ھۆكۈمەتلەرنىڭ 1470 پارچە قېلىپ ھۆججەت تۈزۈشىگە ياردەم بېرىلدى. مەخسۇس تۈزەشكە 4584 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى. 400 ئىلغار كوللېكتىپ، 536 ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى.

ليۇ رۇڭ

## ئاساسىي قاتلام قانۇن مۇلازىمىتى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا، بازار، مەھەللە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۇەن - مەيدانلىرىدىكى قانۇن مۇلازىمەت ئورنى 1042 گە، ئاساسىي قاتلام قانۇن خىزمەتچىسى 3396گە يەتتى. ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى مەلۇماتتا ئىگىلەر %57.8نى ئىگىلىدى. 102 ئادەم ئادۋوكاتلىق سالاھىيىتىگە ئېرىشتى. 1176 ئادەم تۈرلۈك كۇرسلاردىكى ئۆگىنىشكە قاتناشتى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ئاساسىي قاتلام قانۇن مۇلازىمەت ئورۇنلىرى تۈرلۈك ماجىرادىن 27 مىڭ 111نى مۇرەسسە قىلدى، 48 مىڭ 58 ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقىنى ياردەملىشىپ بېجىردى. 12 مىڭ 895 ئىشتا ۋاكالەتەن دەۋا قىلدى، ئەرز قىلىشقا بولمايدىغان 6535 ئىشنى ۋاكالىتەن بېجىرىپ بەردى. 6069 ئادەم قانۇن مەسلىھەتچىلىكىنى ئۈستىگە ئالدى (بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قاتلام ھۆكۈمەت، كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىغا مەسلىھەتچى بولغىنى 3260، تۈرلۈك كارخانىغا مەسلىھەتچى بولغىنى 1916، باشقا تەشكىلاتقا مەسلىھەتچى بولغىنى 633) . قانۇنغا دائىر 32 مىڭ 266 پارچە ھۆججەتنى ۋاكالىتەن يېزىپ بەردى. 119 مىڭ 678 ئادەم (قېتىم) قانۇندىن سورالغان سوئالغا جاۋاب بەردى. 5772 قانۇن ئارقىلىق ياردەم بېرىش ئىشىنى بېجىرىپ بەردى. ئەدلىيە مەمۇرىيىتى خىزمىتىگە 3783 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى، دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە پۇقرالار 721 مىليون 546 مىڭ 200 يۈەنلىك زىياندىن ساقلاپ قېلىندى؛ 11 مىليون 999 مىڭ 800 يۈەن كەسپىي ھەق يىغىلدى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاساسىي قاتلام قانۇن مۇلازىمىتى كېڭەشكىسى ۋە ئاساسىي قاتلام قانۇن مۇلازىمىتى ئورۇنلىرىنى يىللىق تەكشۈرۈپ رويخەتكە ئېلىش خىزمىتى ئىشلەندى. 856 قانۇن مۇلازىمىتى ئورنى، 3201 ئاساسىي قاتلام قانۇن خىزمەتچىسىنى رويخەتكە ئېلىشقا رۇخسەت قىلىندى. ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي قانۇن مۇلازىمىتى ئورنى»نى سېلىشتۇرۇپ باھالاش، بەرپا قىلىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، 31 ئاساسىي قاتلام قانۇن مۇلازىمىتى ئورنىغا «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي قانۇن مۇلازىمىتى ئورنى» دەپ نام بېرىلدى.

چېن گوخۇڭ

## ئادۋوكاتلىق خىزمىتى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئارقىلىق يېڭىدىن 12 ئادۋوكاتلىق ئورنى قۇرۇلدى. تەكشۈرۈپ تەستىقلانغان ئادۋوكات 217گە يەتتى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە ئادۋوكاتلىق ئورنى 219 غا يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %5.8، كەسپىي ئادۋوكات 1794كە يېتىپ، %9.4 كۆپەيدى. 1999 - يىلى ئاپتونوم

رايون بويىچە 2569 كەسپىي ئادۋوكات تەكلىپكە بىنائەن قانۇن مەسلىھەتچىسى بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە، خەلق ھۆكۈمىتى قانۇن مەسلىھەت ئۆمىكى (گۇرۇپپىسى) گە مەسلىھەتچى بولغىنى 46، دۆلەت ئورگانلىرى ۋە خەلق ھۆكۈمىتى مەسئۇللىرىنىڭ قانۇن مەسلىھەتچىسى بولغىنى 91، كارخانىغا مەسلىھەتچى بولغىنى 1712 (چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىغا مەسلىھەتچى بولغىنى 794)، چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىغا مەسلىھەتچى بولغىنى 38 (شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنلىكلەر مەبلەغ سالغان كارخانىغا مەسلىھەتچى بولغىنى 13)، چېگرا سىرتىدا مەبلەغ سېلىنغان تورگە مەسلىھەتچى بولغىنى 2، يېزا - بازار كارخانىسىغا مەسلىھەتچى بولغىنى 218، ئىجتىمائىي تەشكىلات ۋە ئامىۋى تەشكىلاتقا مەسلىھەتچى بولغىنى 77، كەسپىي ئورۇنغا مەسلىھەتچى بولغىنى 259، پۇقرالارغا مەسلىھەتچى بولغىنى 126. ئادۋوكات تەكلىپ قىلغان ئورۇنغا يېزىپ بېرىلگەن قانۇنغا ئائىت ھۆججەت، قىلىپ ھۆججەت، تەكشۈرۈپ تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن توختام 21 مىڭ 492 گە يەتتى. قانۇن توغرىسىدا مەسلىھەت سورىغان 87 مىڭ 366 ئادەم (قېتىم) گە جاۋاب بېرىلدى. كەسپىي ئادۋوكات 6011 جىنايى ئىشلار دەۋاسىدا ئاقلىغۇچى ۋە ۋاكالەتچى، 15 مىڭ 860 ھەق - تەلەپ دېلوسى دەۋاسىدا ۋاكالەتچى بولدى، مال - مۈلۈك ئوبيېكتىغا چېتىشلىق سومما 570 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ. 10 مىڭ 17 ئىقتىسادىي دېلو دەۋاسىدا ۋاكالەتچى بولدى، مال - مۈلۈك ئوبيېكتىغا چېتىشلىق سومما 3 مىليارد 435 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ. 802 مىليون 100 مىڭ يۈەن تۆلەم، قەرز پۇل قايتۇرغۇزۇپ بېرىلدى. 589 مەمۇرىي ئىشلار دېلوسى دەۋاسىدا ۋاكالەتچى بولدى. دەۋا قانۇنغا پاتمايدىغان 4800 ئىشنى بىجىردى، مال - مۈلۈك ئوبيېكتىغا چېتىشلىق سومما 1 مىليارد 210 مىليون 83 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ.

بىر يىلدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئادۋوكاتلىق ئىشلىرىنى يىللىق تەكشۈرۈش، ئادۋوكاتلارنى رويخەتكە ئېلىش ۋە ئادۋوكاتلىق كەسپىي گۇۋاھنامىسىنى يېڭىدىن تارقىتىش خىزمىتى تاماملاندى ھەمدە 8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى «شىنجاڭ قانۇنچىلىقى» دا ئېلان قىلىندى. ئاپتونوم رايون بويىچە 219 ئادۋوكاتلىق ئورنى يىللىق تەكشۈرۈشتىن ئوڭۇشلۇق ئۆتتى. 20 نەچچە ئادۋوكات ۋاپات بولغانلىقتىن رويخەتكە ئېلىنمىدى. ئاپتونوم رايوندا 4918 ئادەم 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە بىر تۇتاش ئېلىنىدىغان ئادۋوكاتلىق سالاھىيىتى ئىمتىھانىغا قاتنىشىشقا تىزىملاتتى، 240 تىن يۇقىرى نومۇر ئالغانلار 147 گە يېتىپ، قوبۇل قىلىش نىسبىتى 3.45% بولدى (ئەمەلىي ئىمتىھان بەرگەن ئادەم سانى بويىچە ستاتىستىكىلاندى).

1999 - يىلى ئەدلىيە نازارىتى 5 ئادۋوكاتلىق ئورنىغا «ئاپتونوم رايون (ئۆلكە) دەرىجىلىك مەدەنىي ئادۋوكاتلىق ئورنى» دەپ، 30 ئادۋوكاتقا «ئاپتونوم رايون (ئۆلكە) دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئادۋوكات» دەپ نام بەردى.

1999 - يىلى يېڭىدىن ئىش ئورنىغا چىققان 217 ئادۋوكات تەربىيىلەندى. 80 دىن ئارتۇق ئادۋوكات ئەدلىيە مىنىستىرلىكى ۋە دۆلەت ئاكسىيە نازارەتچىلىك جەمئىيىتى بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن ئاكسىيە كەسپىي سالاھىيەت ئىمتىھانىغا قاتنىشىشقا تەشكىللەندى. 8 ئادۋوكات لاياقەتلىك بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايون بويىچە ئاكسىيە كەسپىي سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن ئادۋوكات 40 نەچچىگە يەتتى.

فېڭ جيەنجياڭ

## تۈرمە خىزمىتى

1. سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىلدى، تۈرمە باشقۇرۇش چىڭ تۇتۇلدى، تۈرمە، قاماقخانىلارنىڭ بىخەتەرلىكى مۇقىملاشتۇرۇلدى. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى تۈرمە، قاماقخانىلار ئىچىدە زور دېلو يۈز بەرمىدى، جىنايەتچىلەرنىڭ قېچىش نىسبىتى 1998 - يىلدىكىدىن 9.1% تۆۋەنلىدى. 14 تۈرمە، قاماقخانىدا «ئۈچتىن خالىي» بولۇش (جىنايەتچىلەرنىڭ قېچىشىدىن، تۈرمىدە زور دېلو يۈز بېرىشتىن، جىنايەتچىلەرنىڭ بىنورمال ئۆلۈشىدىن خالىي بولۇش) ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

2. تەربىيە بېرىش، ئۆزگەرتىش سۈپىتى يىلى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. تۈرمە، قاماقخانىلار قوشۇمچە تەربىيىلەش ۋاستىسىنى تولۇق قوللىنىپ، تەربىيىلەش مەزمۇنىنى بېيىتىپ، تەربىيىلەش ئۈنۈمىنى ئاشۇردى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئۇل كەسىپ ۋە جىنايەتچىلەرنىڭ پىسخىكىسىنى تۈزەش خىزمىتى كۇرسى ئېچىلدى، تەربىيىلەش، ئۆزگەرتىش خىزمىتىنىڭ ئۆلچىمى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ ئېلان قىلىندى. ئاپتونوم رايوندىكى تۈرمە، قاماقخانىلاردا تەربىيىلەش، ئۆزگەرتىش خىزمىتىنىڭ تەپسىلىي پرىنسىپىنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى. جىنايەتچىلەرگە قارىتىلغان ئىدىيىۋى تەربىيىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 96.7% كە، ئومۇمىي بىلىم تەربىيىسىدە گۇۋاھنامە ئېلىش نىسبىتى 80% كە، تېخنىكا تەربىيىسىدە گۇۋاھنامە ئېلىش نىسبىتى 60% كە، جەمئىيەتنىڭ ياردەم بېرىشى، تەربىيە بېرىشنىڭ قاپلاش نىسبىتى 75% كە، تۈرمە ئىچىدىكى جاھىل، خەتەرلىك جىنايەتچىلەرنىڭ ئۆزگىرىش نىسبىتى 54% كە يەتتى.

3. تۈرمە ئىقتىسادى مۇقىم تەرەققىي قىلدى. بازارغا يۈزلىنىپ، مەھسۇلات قۇرۇلمىسى تەڭشەلدى، يېڭى مەھسۇلات تۈرى، يېڭى تېخنىكا زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىلدى. سېتىش

سالمىقى ئاشۇرۇلدى. ئاپتونوم رايوندىكى تۈرمە سىستېمىسىنىڭ يېزا ئىگىلىك، سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 235 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 14.6% ئاشتى.

4. تۈرمىنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، تۈرمە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلدى. ئەدلىيە نازارىتى تۈرمە باشقۇرۇش ئىدارىسىدا سىرتتا داۋالىنىشقا كېپىللىككە ئېلىشنى تەكشۈرۈش كومىتېتى قۇرۇلدى. تۈرمە، قاماقخانىلار جىنايەتچىلەرنىڭ جازا مۇددىتىنى قىسقارتىش، مۇددىتى توشۇشتىن بۇرۇن ۋاقىتلىق قويۇپ بېرىش، سىرتتا داۋالىنىشقا كېپىللىككە بېرىش خىزمىتىدە توغرا، ئادىل، ئاشكارا بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۈچ ئېلان ئارقىلىق دېلو بېكىتىشنى ئىشقا ئاشۇردى. ئەدلىيە نازارىتى تۈرمە باشقۇرۇش ئىدارىسى دۆلەتنىڭ خەۋپسىزلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان جىنايەتچىلەرنى باشقۇرۇش، جازا مۇددىتىنى قىسقارتىش، مۇددىتى توشۇشتىن بۇرۇن ۋاقىتلىق قويۇپ بېرىش خىزمىتى بويىچە سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، «بىخەتەرلىككە زىيان يەتكۈزىدىغان جىنايەتچىلەرنى باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش تەپسىلىي پرىنسىپى»نى ئوتتۇرىغا قويدى. يەنە «جىنايەتچى بىلەن ئۇلارنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ جەم بولۇشنى باشقۇرۇش چارىسى»نى بىر تۇتاش تۈزۈپ يولغا قويدى. «ئاپتونوم رايوندىكى تۈرمە سىستېمىسىنىڭ تۈرمە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش قانۇن ھۆججىتى، جەدۋەل، ئورۇن ھېسابى توپلىمى»نى بېسىپ تارقاتتى. بۇنىڭ بىلەن تۈرمە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش تېخىمۇ قېلىپلاشتى، تۈزۈملەشتى.

1999 - يىلى خوتەن تۈرمىسى، قەشقەر تۈرمىسى، 3 - تۈرمە ئاپتونوم رايون (ئۆلكە) دەرىجىلىك زامانىۋى مەدەنىي تۈرمە بولۇپ قۇرۇلدى، 6 ئوتتۇرا ئەترەت «ئا» دەرىجىلىك مەدەنىي ئوتتۇرا ئەترەت، 15 ئوتتۇرا ئەترەت «ب» دەرىجىلىك مەدەنىي ئوتتۇرا ئەترەت بولۇپ قۇرۇلدى. قەشقەر تۈرمىسىنىڭ سىياسىي كومىسسارى، پارتكوم شۇجىسى لى ۋېيگو مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى. ش ئۇ ئا ر 1 - تۈرمە، تۇرپان تۈرمىسى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەنىۋى مەدەنىي ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

قېلىڭ جيەنجياڭ

## ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش خىزمىتى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەشنى باشقۇرۇش ئورۇنلىرىدا زور ھادىسە، بىنورمال ئۆلۈش يۈز بەرمىدى. ئەمگەك بىلەن تەربىيىلىنىۋاتقانلارنىڭ قېچىش نىسبىتى 0.06% بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 0.23 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى. ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەشنى باشقۇرۇش ئورۇنلىرىدا ھەربىي ھالەت ئاپپاراتى ۋە قوغداش تەشكىلى قۇرۇلدى، قائىدە - تۈزۈم ئورنىتىلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. ماھارەت تەلىم - تەربىيىسى ۋە ماھارەت كۆرسىتىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. باشقۇرۇش، تەربىيىلەش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى. 1999 - يىلى باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇش يىلى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش مەكتىپىدىن 6 سى قۇرۇلدى. ئەمگەك بىلەن تەربىيىلىنىۋاتقانلارنىڭ ئۆزگىرىش نىسبىتى 95% كە، تۈرمە ئىچىدە زەھەر تاشلاش، زەھەر خۇمارىنى تۈگىتىش نىسبىتى 100% كە يەتتى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورۇنلىرىنىڭ ئىقتىسادى داۋاملىق راۋاجلاندى، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 83 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت قوشۇمچە كەسىپ قىممىتى 62 مىليون 250 مىڭ يۈەن، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 20 مىليون 750 مىڭ يۈەن.

5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ش ئۇ ئا ر شىخو زەھەر تاشلاتقۇزۇش - ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەشنى باشقۇرۇش ئورنى ش ئۇ ئا ر ئاپپارات شتاتى كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق قۇرۇلدى. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش تەزكىرىسى» مۇشۇ يىل ئىچىدە تۈزۈلۈپ نەشردىن چىقتى.

1999 - يىلى قۇمۇل ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەشنى باشقۇرۇش ئورنىغا تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئارقىلىق «ئاپتونوم رايون (ئۆلكە) دەرىجىلىك زامانىۋى مەدەنىي ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنى» دەپ نام بېرىلدى؛ سانجى ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەشنى باشقۇرۇش ئورنى ئەدلىيە مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن مىنىستىرلىك دەرىجىلىك زامانىۋى مەدەنىي ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنى دەپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى.

قېلىڭ جيەنجياڭ

# ئاممىۋى تەشكىلاتلار

## ئاپتونوم رايونلۇق ئاممىۋى تەشكىلاتلار مەسئۇللىرىنىڭ ئىسىملىكى

ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى

رەئىس: مۇھەممەتجان ئەمەت.

مۇئاۋىن رەئىسلەر: لى جىمىن (ئايال)، ئابدۇراخمان رەخىمباي (قازاق)، ئۆمەر بەكرى، جەي چاڭلىــى، ۋاڭ لىپىڭ، خۇاڭ ياجۇن.

كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى

شۇجى: ئەركىنجان تۇراخۇن.

مۇئاۋىن شۇجىلار: سۇڭ ئەيرۇڭ، جاڭ ۋېنجۇەن، تالغات ئۇسۇن (قازاق)، زۇڭ جيەن، ئەنۋەر ئابدۇشۇكۇر.

ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى

رەئىس: رىزۋان ئەبەي.

مۇئاۋىن رەئىسلەر: جىڭ خىيەن، سەدەبقان شاقىتاي (قازاق)، تۇ فېڭيىڭ، گۈلشات ئابدۇقادىر.

شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى

رەئىس: شۇ پېڭ.

مۇئاۋىن رەئىســلەر: جاۋ باۋجۇن، ئابدۇرېھىــم ئابدۇكېرىم، ماقسۇت كۆمەك (قازاق).

قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان مۇئاۋىن رەئىســلەر: خوجىخان ھاكىموف، بوتاي كوپىــن (قازاق)، جاڭ يۆجــى، خې خۇڭيىڭ، جۇ جۇنلىن، جاڭ لياڭچېن، تاشپولات تېيىپ، خەمىت ھاكىموف (تاتار)، خۇڭ شيۇفاڭ (ئايال).

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى

رەئىس: فېڭ داجېن.

مۇئاۋىن رەئىسلەر: جاۋ جېڭمىڭ، نۇربېك (قازاق)، جاڭ خۇڭچاۋ.

قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان مۇئاۋىن رەئىسلەر: تۆلەۋقان ئىبراي (قازاق)، باۋ دۇنچۈەن، داڭ يۇلىن.

ش ئۇ ئا ر سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىســــــى (سودىگەرلەر جەمئىيىتى)

جەمئىيەت باشلىقى: ئابدۇرېھىم ھاجىئىمىن.

مۇئاۋىن جەمئىيەت باشلىقلىرى: ما چاڭفا (خۇيزۇ)، ياڭ شېڭپىڭ، ئابلىز جۇمە، گو چاڭچىڭ، گۇ كەييۈەن، سۇن گۇاڭشىن، جــاڭ يې، مــۇقان (قازاق)، يــاڭ مىــندې (ئايال)، تاڭ ۋەنلى، تۇرسۇن ئىمىن.

شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى

رەئىس: غازى ئەمەت.

مۇئاۋىن رەئىسلەر: ليۇ بىڭ، ھېيتەم ھۈسەيىن، شامىس قۇمار (قازاق)، ۋاڭ جۇڭمىڭ، ئابلىمىت سادىق، جۇ تاۋ، پاتىخە مالىك (قازاق)، مەمتىمىـــــــن ھوشۇر، تۇيغۇن ئەخمىدى، خۇ لېيۈەن، دورجى ناداي (موڭغۇل)، ئادىل جۇمە تۇردى (قىرغىز).

شىنجاڭ ياشلار بىرلەشمىسى

رەئىس: ئەركىنجان تۇراخۇن.

شىنجاڭ ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى

رەئىس: ئالىم ئابدۇراخمان.

شىنجاڭ ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار بىرلەشمىسى

رەئىس: لياڭ رىمىڭ.

شىنجاڭ تەيۋەنلىك قېرىنداشلار دوستلۇق بىرلەشمىسى

رەئىس: جاڭ شياۋلى.

خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپــى شىـــنجاڭ ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى

ئۇيۇشما باشلىقى: شى جىڭيۈ.

# ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى

## ئومۇمىي ئەھۋالى

1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ئاساســي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ھەيئىتى 10 مىڭ 433كە، ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىراجەت تەكشۈرۈش ھەيئىتى 5525كە، ئايال ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ھەيئىتى 5460قا، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى مەخسۇس كادىرى 9348گە يەتتــى. ئاپتونوم رايوندىكى ئىشچى ـ خىزمەتچى 2 مىليون 915 مىڭغا، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتى قۇرۇلغان ئورۇنلاردىكــى ئىشچى ـ خىزمەتچى 2 مىليون 50 مىڭ 600گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال ئىشچى ـ خىزمەتچى 861 مىڭ 900. ئاپتونوم رايوندىكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئەزاسى 1 مىليون 930 مىڭ 300، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال ئەزا 826 مىڭ 400، ئىشچىلار

ئۆيۈشمىسى ئاكتىپى 183 مىڭ 600.

ژاڭ جىڭخۇا

## ئاپتونوم رايونلۇق «1 - ماي»نى تەبرىكلەش ۋە «قوش ئىلغار»لارنى تەقدىرلەش يىغىنى

بۇ يىغىن 1999 - يىل 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا مەملىكەتلىك «1 - ماي ئەمگەك مېدالى»غا ئېرىشكەن 19 كىشى، مەملىكەتلىك «1 - ماي ئەمگەك تەقدىرنامىسى»گە ئېرىشكەن 8 ئورۇن، «شىنجاڭنى ئېچىش، گۈللەندۈرۈش مېدالى»غا ئېرىشكەن 51 كىشى، «شىنجاڭنى ئېچىش، گۈللەندۈرۈش تەقدىرنامىسى»گە ئېرىشكەن 32 ئورۇن ۋە جان - دىل بىلەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە تايىنىپ كارخانىنى ياخشى باشقۇرغان پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ 9 ياخشى رەھبىرى تەقدىرلەندى. ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ۋە بىڭتۇەن رەھبەرلىرىدىن جۇ شېڭتاۋ، ئابدۇقادىر ئەسىردىن، ژاڭ خەنرۇ، ئىبراھىم سۇلايمان، بوتاي كوپىنلار يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە ئىلغار نەمۇنىچى ۋەكىللەرگە مۇكاپات تارقىتىپ بەردى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جۇ شېڭتاۋ يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى.

ژاڭ جىڭخۇا

### قوشۇمچە (1):

**1999 - يىلى «1 - ماي ئەمگەك تەقدىرنامىسى»گە ئېرىشكەن ئورۇنلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش**

**تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكىنى تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش قوماندانلىق شتابى**

1989 - يىلى پىچان تەيەن 1 - قۇدۇقىدىن سانائەت نېفىتى چىققاندىن كېيىن، تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكىنى تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنىڭ مۇقەددىمىسى رەسمىي باشلاندى. 10 يىل جاپالىق كۈرەش قىلىش ئارقىلىق، يېڭى تىپتىكى نېفىت، تەبىئىي گاز سانائەت ئىشلەپچىقىرىش بازىسى تېزلا بارلىققا كەلدى. نېفىتلىكتە ھازىر 18 مىڭ 43 ئادەم بار، تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 9 مىليارد 700 مىليون يۈەن، ساپ قىممىتى 5 مىليارد 500 مىليون يۈەن، نېفىت، سۇ قۇدۇقىدىن 903ى بار. بۇ نېفىتلىكتە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كۈنىگە 8200 توننىدىن كۆپرەك نېفىت ئېلىنىپ، يىللىق مەھسۇلاتى 3 مىليون توننىلىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈلدى. 1998 - يىلى نېفىتنىڭ گېئولوگىيىلىك زاپىسىنىڭ 31 مىليون 340 مىڭ توننا ئىكەنلىكى، تەبىئىي گازنىڭ گېئولوگىيىلىك زاپىسىنىڭ 1 مىليارد 20 مىليون كۇب مېتىر ئىكەنلىكى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى، يەنە نېفىت گېئولوگىيە زاپىسىنىڭ 14 مىليون 80 مىڭ توننا، تەبىئىي گازنىڭ 2 مىليارد 584 مىليون كۇب مېتىر ئىكەنلىكى مۆلچەرلەندى. نېفىت مەھسۇلات مىقدارى 2 مىليون 950 مىڭ 800 توننىغا، تەبىئىي گاز سانائەت مەھسۇلات مىقدارى 660 مىليون كۇب مېتىرغا، سىرتقا سېتىلغان تەبىئىي گاز 360 مىليون كۇب مېتىرغا يەتتى. سېتىش كىرىمى 3 مىليارد 200 مىليون يۈەنگە، پايدا 133 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە، يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان پايدا - باج 700 مىليون يۈەنگە يەتتى. قوماندانلىق شتابى ئۇدا 3 يىل قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە پىلانلىق تۇغۇتتىكى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىدىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى، 1998 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەر تەنتەربىيىسىدىكى ئىلغار ئورۇن ۋە مەدەنىي ئورۇن بولۇپ باھالاندى. 1999 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي ئەمگەك تەقدىرنامىسى»گە ئېرىشتى.

**شىنجاڭ يىكەنكۆل كارخانا گۇرۇھى**

بۇ گۇرۇھنىڭ تەكتى ئاران 350 مىڭ يۈەن مەبلەغنى تىزىمغا ئالدۇرغان، 30 دىن ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچىسى بار كەنت باشقۇرۇشىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى رېمونت زاۋۇتى ئىدى، بۇ كارخانا گۇرۇھى 1995 - يىلى قۇرۇلغاندىن تارتىپ تاكى 1998 - يىلغىچە، كەسىپ، مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى شەكلىدىن ھالقىغان كارخانىسى 18گە، ئومۇمىي مۈلكى 390 مىليون يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىسى 1653كە يەتكەن كارخانا گۇرۇھىغا ئايلاندى. 1998 - يىلى ياراتقان مەھسۇلات قىممىتى 185 مىليون يۈەنگە، پايدا - بېجى 33 مىليون 706 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئۇ شىنجاڭنىڭ يېزا - بازار كارخانىلىرى بويىچە چولپان كارخانا، مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر يېزا - بازار كارخانىسى قاتارلىق 20 خىلدىن كۆپرەك شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى، دېھقانچىلىق مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «يېزا - بازار كارخانىلىرى بويىچە ئۈلگە مىكرو رايون» بولۇپ باھالاندى. 1999 - يىلى مەملىكەت بويىچە «1 - ماي ئەمگەك تەقدىرنامىسى»گە ئېرىشتى.

**شىنجاڭ ئىلى ھاراق باش زاۋۇتى**

بۇ زاۋۇت بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 4 - شىسىغا قاراشلىق بولۇپ، 1956 - يىلى قۇرۇلغان، زاۋۇت 40 نەچچە يىل جاپالىق ئىگىلىك يارىتىش ئارقىلىق، 5 شۆبە ھاراق زاۋۇتى ۋە پەن تەتقىقات ئورنى، ئېرمو ئېلېكتر ئىستانسىسى، قەغەز يەشىك زاۋۇتى، ئىلى كاتتا مەيخانىسى، ئۇنىۋېرسال سودا شىركىتى قاتارلىق ئورۇنلىرى بار كۆپ خىل ئەمەلىي گەۋدىگە ئىگە ئۇنىۋېرسال كارخانىغا ئايلاندى. زاۋۇتنىڭ 1782 ئىشچى - خىزمەتچىسى، 570 مىليون يۈەنلىك تۇراقلىق مۈلكى بار بولۇپ، يىلىغا 10 مىڭ توننىدىن ئارتۇق ھاراق ئىشلەپچىقىرىدۇ. پايدا - بېجى 100 مىليون يۈەندىن ئاشىدۇ. 1992 - يىلى بۇ زاۋۇت مەملىكەت بويىچە ئىچىملىك ساھەسىدىكى 500 چوڭ سانائەت كارخانىسى قاتارىغا

كىرگۈزۈلدى. 1998 - يىلى سانائەت مەھسۇلاتىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 210 مىليون يۈەنگە، سېتىش كىرىمى 410 مىليون يۈەنگە، پايدا - بېجى 180 مىليون يۈەنگە يەتتى. 1996 - يىلى 8 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە شىنجاڭنىڭ يېنىك سانائەت پەن - تېخنىكىسى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى. 1997 - يىلى يىغىتۇەن بۇ زاۋۇتقا بوزيەر ئېچىپ، چېگرا رايوننى قوغداشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ دەپ نام بەردى. شۇ يىلى مەملىكەت بويىچە يېمەكلىك سانائىتى پەن - تېخنىكىسىدىكى ئىلغار كارخانا دېگەن نامغا ئېرىشتى. مەھسۇلاتى ۋە كارخانا خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچىدە 51 تۈردە ئۇدا مۇكاپاتقا ئېرىشتى ھەمدە بۇ مەھسۇلاتلار «شىنجاڭدىكى داڭلىق ماركىلىق» مەھسۇلات بولۇپ باھالاندى. 1999 - يىلى مەملىكەت بويىچە «1 - ماي ئەمگەك تەقدىرنامىسى»گە ئېرىشتى.

**شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر (گۇرۇھى) شىركىتى پولات تاۋلاش زاۋۇتى ماشىنا ترانسپورت سېخىنىڭ ئايلانما پېچ ئاسراش گۇرۇپپىسى**

بۇ گۇرۇپپا پولات تاۋلاش زاۋۇتىنىڭ 12 توننىلىق 2 ئايلانما پېچىنى ئاسراش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان، گۇرۇپپىدا ھەر مىللەتتىن بولغان 20 ئىشچى - خىزمەتچى بار. بۇ گۇرۇپپا «ئۈسكۈنىلەرنى تۈزاقلاشتۇرۇش، مۇلازىمەتنى 1 - ئورۇنغا قويۇش»نى مەقسەت قىلىپ، ئۈسكۈنىلەر كونا، شارائىت جاپالىق، ئەمگەك سىجىللىقى چوڭ بولۇشتەك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، گۇرۇھ شىركىتى پولات زاۋۇتىنىڭ 1996 - يىلى 800 مىڭ توننا، 1997 - يىلى 900 مىڭ توننا، 1998 - يىلى 1 مىليون توننا پولات تاۋلىشىدىن ئىبارەت 3 قېتىملىق چوڭ سەكرىشىنى ئۈسكۈنە بىلەن ئىشەنچلىك تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلدى. 1998 - يىلى بۇ گۇرۇپپا تۈرلۈك ئۈسكۈنە ئاسراش كۆرسەتكۈچىدە 1 مىليون 150 مىڭ يۈەن خىراجەت تېجەپ قالدى. 1996 - يىلى شىركەت بويىچە 1 - دەرىجىلىك ئىسمىنا - گۇرۇپپىدىن ئالاھىدە دەرىجىلىك ئىسمىنا - گۇرۇپپىغا ئۈستۈرۈلدى، شۇ يىلى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن شىنجاڭنى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈشتىكى ئىلغار ئىسمىنا - گۇرۇپپا دېگەن نام بېرىلدى. 1997 - يىلى گۇرۇھ شىركىتى تەرىپىدىن نەمۇنىلىك ئىسمىنا - گۇرۇپپا ئائىلىسى بولۇپ باھالاندى، 1998 - يىلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ياشلار مەدەنىي كوللېكتىپى بولۇپ باھالاندى. بۇ ئىسمىنا - گۇرۇپپا كۆپ يىللاردىن بېرى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، «ئىككىنى ئاشۇرۇش، ئىككىنى تېجەش»تىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئۈسكۈنە ئاسراشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ دېگەن شەرەپلىكناملارغا ئېرىشتى. 1999 - يىلى مەملىكەت بويىچە «1 - ماي ئەمگەك تەقدىرنامىسى»گە ئېرىشتى.

**شىنجاڭ ئۈرۈمچى ئۈسرغول كۆمۈر كېنى 2130 - گورىزونتال قۇدۇقلاردىن كۆمۈر قېزىش چوڭ ئىسمىنىسى** بۇ ئىسمىنىنىڭ 80 نەچچە ئىشچى - خىزمەتچىسى بار بولۇپ، ئۇلار باتۇرلۇق بىلەن قاتتىق جەڭ قىلىش، قەيسەرلىك بىلەن ئىلىشىش، خالىس تۆھپە قوشۇشتەك ئالاھىدە جاپا - مۇشەققەتكە چىداش، ئالاھىدە جەڭ قىلىش، ئالاھىدە تۆھپە قوشۇش روھى بىلەن، يىلبويى دېڭىز يۈزىدىن 2130 مېتىردىن ئارتۇق ئېگىزلىكتە كۆمۈر قېزىپ كەلدى. 1987 - يىلى بۇ گۇرۇپپا قۇرۇلغاندىن بېرى 1 مىليون 800 مىڭ توننا كۆمۈر قازدى ھەمدە ئۇدا 12 يىل بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى داۋاملاشتۇرۇپ ھادىسە سادىر قىلمىدى. 1998 - يىلى 184 مىڭ توننا كۆمۈر قېزىپ، يىللىق پىلانىنى %4 . 200 ئورۇندىدى. بۇ گۇرۇپپا كۆمۈر كان تەرىپىدىن ئۇدا 8 يىل بىخەتەر ئىشلەپچىقارغان ئىسمىنا - گۇرۇپپا ۋە كۆمۈر قېزىشتىكى ئۈلگە چوڭ ئىسمىنا بولۇپ باھالاندى. 1996 - يىلى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن شىنجاڭنى ئېچىش - گۈللەندۈرۈشتىكى ئىلغار ئىسمىنا - گۇرۇپپا دەپ نام بېرىلدى. 1999 - يىلى مەملىكەت بويىچە «1 - ماي ئەمگەك تەقدىرنامىسى»گە ئېرىشتى.

**شىنجاڭ توقۇمىچىلىق گۇرۇھى «1 - ئىيۇل» پاختا توقۇمىچىلىق 2 - فابرىكىسىنىڭ مەخسۇس يىپ ئېگىرىش سېخى ئىنچىكە ئېگىرىش ئۇچاستكىسى** بۇ ئورۇننىڭ 335 ئىشچى - خىزمەتچىسى بار، ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچى %4 . 26نى، ياش ئىشچى - خىزمەتچى %80نى ئىگىلەيدۇ. كۆپ يىللاردىن بېرى، ئۇلار بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، مەھسۇلاتقا قاراپ ھەقنى بېكىتىش، سۈپەتكە قاراپ باھا قويۇش، كۆپ ئىشلىگەنلەر كۆپ ھەق ئېلىش، مۇكاپات بىلەن جازا ئېنىق بولۇش پرىنسىپىنى قاتتىق ئىجرا قىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمگەك ئاكتىپچانلىقى تولۇق قوزغىلىپ، زاۋۇت چۈشۈرگەن تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى كۆرۈنەرلىك ياخشى ئورۇندىدى. 1998 - يىلى مەھسۇلاتى مىقدارى 899 . 350 توننىغا، بىرلىك مەھسۇلاتى 07 . 41 كىلوگرام / مىڭ ئۇرچۇق سائەتكە يېتىپ، تارىختا ئەڭ ياخشى سەۋىيە يارىتىلدى. ئۈزۈلگەن يىپنى ئۇلاشتىكى لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %56 . 93كە يەتتى، سۈپەت جەھەتتىكى پىلان %82 . 101، مەشغۇلاتنىڭ ئەلا ۋە 1 - دەرىجىلىك بولۇشنى ئورۇنداش جەھەتتىكى پىلان %4 . 108 ئورۇندالدى، قاتتىق تەلەپنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش نىسبىتى %100كە يەتتى. 1994 — 1998 - يىلغىچە ئۇدا زاۋۇت دەرىجىلىك ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى، 1995 — 1997 -

يىلغىچە ئۇدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، 1995 ـ ۋە 1996 ـ يىللىرى ئۇدا شىنجاڭ توقۇمىچىلىق گۇرۇھى شىركىتى دەرىجىلىك ئىلغار كوللېكتىپ، 1997 ـ يىلى زاۋۇت دەرىجىلىك ئىلغار كوللېكتىپ، 1998 ـ يىلى 2 قېتىم شىركەت دەرىجىلىك ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى ھەمدە ئاپتونوم رايوننىڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى بويىچە «توقۇمىچىلىقتا تۆھپە يارىتىش مۇسابىقىسى» دىكى ئىلغار ئىسمىنا ـ گۇرۇپپا دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى. 1999 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە «1 ـ ماي ئەمگەك تەقدىرنامىسى» گە ئېرىشتى.

شىنجاڭ بىرلەشمە ماشىنىسازلىق (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قۇرال ـ سايمان شۆبە زاۋۇتىنىڭ قىرىش ـ رەندىلەش گۇرۇپپىسى بۇ گۇرۇپپىنىڭ 11 ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بار، ئۇلار ھەر يىلى شۆبە زاۋۇت چۈشۈرگەن تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپە كۆرسەتكۈچلىرىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنداپ كەلدى. 1998 ـ يىلى ئىش ۋاقتىنىڭ ئورۇندىلىش نىسبىتى 158.4%كە، ئىشقا چىقىش نىسبىتى 99.74%كە، يارىتىلغان ئوتتۇرىچە كىرىم 37 مىڭ 385.88 يۈەنگە يەتتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ گۇرۇپپىنى گۇرۇھ شىركەت كۆپ قېتىم مۇكاپاتلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە بىر كىشى «ئون مۇنەۋۋەر ياش»، بىر كىشى مۇنەۋۋەر ئايال ئىشچى ـ خىزمەتچى، بىر كىشى ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچى، بىر كىشى بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئىلغارى بولۇپ باھالاندى. 1999 ـ يىلى بۇ گۇرۇپپا مەملىكەت بويىچە «1 ـ ماي ئەمگەك تەقدىرنامىسى» گە ئېرىشتى.

شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى ئاقبۇلاق نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ 188 ـ نېفىت ئايرىش مەشغۇلات رايونى ئىشلەپچىقىرىش 4 ـ ئىسمىنىسى بۇ ئىسمىنىنىڭ 19 ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بار، ئۇ خەنزۇ، ئۇيغۇر، خۇيزۇ، قازاق، موڭغۇل، تۇجيادىن ئىبارەت 6 مىللەتتىن تەركىب تاپقان كۆپ مىللەتلىك كوللېكتىپ، قارىمىقىدا 4 ئۆلچەش پونكىتى، 34 نېفىت ـ سۇ قۇدۇقى بار، كۈنىگە 160 توننىدىن ئارتۇق نېفىت ئالىدۇ. 1998 ـ يىلى نېفىت ـ سۇ قۇدۇقى ئاساسىي ماتېرىياللىنىڭ توغرا بولۇش نىسبىتى 100%كە، ئۇسكۈنە باشقۇرۇشنىڭ ئوتتۇرىچە نومۇرى 975كە يەتتى. 62 مىڭ توننا نېفىت ئېلىپ، يىللىق پىلاننىڭ ئورۇندىلىش نىسبىتىنى 106.9%كە يەتكۈزدى. ئەمەلىي كىرگۈزۈلگەن سۇ 165 مىڭ 200 كۇب مېتىرغا يېتىپ، پىلاننىڭ ئورۇندىلىش نىسبىتى 100.7%كە يەتتى. يىللىق ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخىدىن 490 مىڭ يۈەن تېجەپ قېلىپ، تەننەرخ تېجەش نىسبىتىنى 5.2%كە يەتكۈزدى. مۇشۇ بىر يىلدا بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىپ ھادىسە كۆرۈلمەسلىكنى ئىشقا

ئاشۇردى، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ساپ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1997 ـ يىلى بۇ ئىسمىنا جۇڭگو نېفىت ـ تەبىئىي گاز گۇرۇھى شىركىتى تەرىپىدىن مەدەنىي ياشلار كوللېكتىپى بولۇپ باھالاندى، 1997 ـ يىلى ۋە 1998 ـ يىلى شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى تەرىپىدىن ئەمگەك مۇسابىقىسىدىكى ئالتۇن مېداللىق ئەترەت ۋە شەھەر، ئىدارە دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر پارتىيە ياچېيكىسى بولۇپ باھالاندى، يەنە كۆپ قېتىم زاۋۇت دەرىجىلىك ئىككى مەدەنىيلىك بويىچە ئىلغار ئورۇن، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئىلغار ئورۇن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار ئورۇن، ئەمگەك مۇسابىقىسىدىكى ئىلغار ئورۇن دېگەن شەرەپلىكناملارغا ئېرىشتى. 1999 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە «1 ـ ماي ئەمگەك تەقدىرنامىسى» گە ئېرىشتى.

## قوشۇمچە (2):

1999 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە «1 ـ ماي ئەمگەك مېدالى» غا ئېرىشكەنلەرنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش (مۇشۇ يىلنامىنىڭ «شەخسلەر» قىسمىغا قارالسۇن).

## قوشۇمچە (3):

### 1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «شىنجاڭنى ئېچىش، گۈللەندۈرۈش تەقدىرنامىسى» گە ئېرىشكەن ئورۇنلار

#### ئىلغار كوللېكتىپلار

قورغاس ناھىيىلىك سېمونت زاۋۇتى پاي ھەمكارلىق شىركىتى، ساۋەن ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 7 ـ شىسى 123 ـ تۇەن ـ مەيدان، ئۈرۈمچى نېفىت ـ خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى نېفىت ئايرىش زاۋۇتى، ئاقسۇ دولان سېمونت چەكلىك شىركىتى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك «خەلق» دوختۇرخانىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك مال ـ دوختۇرلۇق كارانتىن قىلىش ـ ئوتلاق خىزمىتى باش پونكىتى، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى نېفىتلىك قۇرۇلۇش شىركىتى، تۆمۈريول مىنىستىرلىكى 15 ـ ئىدارىسىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريول قوماندانلىق شتابى، شىنجاڭ يولۇچى توشۇش شىركىتى.

#### ئىلغار ئىسمىنا ـ گۇرۇپپىلار

بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 5 ـ شىسىنىڭ پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى ئىنچىكە ئېگىرىش سېخىنىڭ «ئا» ئىسمىنىسى، دۆربىلجىن ناھىيىلىك سېمونت زاۋۇتىنىڭ ئاساسىي خۇمدانىدا كۆيدۈرۈش 1 ـ ئىسمىنىسى، شىنجاڭ ئالتاي دورا ياساش چەكلىك شىركىتىنىڭ كىرىستال ئىسمىنىسى، شىنجاڭ «شىنخۇا» باسما زاۋۇتىنىڭ كىتاب ـ ژۇرنال تۈپلەش، ۋاراق سەپلەش گۇرۇپپىسى، شىنجاڭ مېھمانلار كەسپىي ئوتتۇرا

ئېخنىكوم مەكتىپىنىڭ ئالاھىدە ماتارىپ ئوقۇتۇش كافېدراسى، جۇڭگو «يېڭى بۇلتۇز» نېفىت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسى نېفىت ئېلىش چولڭ ئەترىتىنىڭ قۇملۇق 48 - ئىسمىنا - گۇرۇپپىسى، شىنجاڭ دورا زاۋۇتىنىڭ بېنزول ئېلىش ئىسمېنىسى، «تەڭرىتاغ» سېمونت پاي ھەسسەدارلىق شىركىتى كان شۆبە شىركىتى ماكتاش قېزىش سېخىنىڭ ئېلېكتىر ئارقىلىق سىناق يالىتىش ئىسمېنىسى، ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە ماناكتى باش زاۋۇتى خىمىيۋى ئوغۇت زاۋۇتى تەييار مەھسۇلات سېخىنىڭ ئايلاندۇرۇش ئىسمېنىسى، ئۈرۈمچى شىمالىي ۋوكزال دۆلەت زاپاس ئاشلىقىنى ساقلاش ئامبىرىنىڭ زاپاس ساقلاش - توشۇش بۆلۈمى، شىنجاڭ پىۋا گۇرۇھى ئۈرۈمچى پىۋا زاۋۇتىنىڭ ئوراش - قاچىلاش ئىسمېنىسى، بورتالا شەھەرلىك بورتالا پاختا توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى ئىنچىكە ئېگىرىش سېخىنىڭ «س» ئىسمېنىسى، سانجى پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى ئىنچىكە يىپ سېخىنىڭ مەشغۇلات «س» ئىسمېنىسى، تۇرپان توك ئىشلىرى ئىدارىسى ترانسفورماتور ئىش رايونى تۇرپان 110 كىلوۋولتلۇق ترانسفورماتور پونكىتى، خوتەنچى ئېلېكتىر ئىستانسىسى توك چىقىرىش شىركىتىنىڭ پار گېنېراتورنى ئايلاندۇرۇش 2 - ئىسمېنىسى، تارباغاتاي تاشيول باش ئۇچاستكىسى ساۋەن تاشيول ئۇچاستكىسىنىڭ جياخېزى داۋبەنى، شىنجاڭ «كونلۇن» پاي ھەسسەدارلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ قات - قات يېمەكلىرى ئىسمېنىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى نەنگوەن ساقچىخانىسى، كۆيتۇڭ 1 - پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى ئىنچىكە يىپ سېخىنىڭ «ئا» ئىسمېنىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك تېلېگراف ئىدارىسى جۇڭشەن يولى شەھەر تېلېفونى ئىدارىسىنىڭ رېمونت قىلىش - ئاسراش 2 - ئىسمېنىسى، شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى قاراماي نېفىت ئايرىش زاۋۇتى چەككىلەش بۆرتى نېفىت مەھسۇلاتلىرى ئورنى 2 - ئىشخانىسى، تۆمۈريول مىنىستىرلىكى 15 - قۇرۇلۇش ئىدارىسى 2 - باشقارما 2 - شۆبە باشقارمىسىنىڭ قۇراشتۇرۇش ئىسمىنا - گۇرۇپپىسى.

قوشۇمچە (4):

**1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «شىنجاڭنى ئېچىش، گۈللەندۈرۈش مېدالى» غا ئېرىشكەنلەر**

لۇ ۋېنخەي، ما يۇفاڭ (ئايال)، شۈ شۈپىڭ (ئايال)، ياڭ جىڭيەن، جاۋ بىن (ئايال)، ما خۇڭگۈي (خۇيزۇ)، جاڭ جۇنفېڭ، شۈ شىنكې، لى شياڭلىيەن، نۇرمۇھەممەت ئەخمەت، ۋاڭ گودۇڭ (خۇيزۇ)، گو ۋېنپىڭ، ئېرزات (قازاق)، ئوسمان ئىسمايىل، ۋاڭ خۇڭ (ئايال)، چېن لىبىن، رەيھانگۈل ئاۋۇت، سۇڭ لياڭشىڭ، ئىمىنجان، لى جىنلەي، ياڭ يىيوڭ (ئايال)، جۇ خەيلياڭ، لۇ يىتاۋ، ليۇ فاتاۋ، لياۋ شىنفۇ، تيەن جۇڭشى، ۋاڭ يەنخۇڭ (ئايال)، جاڭ گوچېن، ۋاڭ يۇۋېي (ئايال)، جىڭ زوكۇ، ۋاڭ داۋلۇ، ئابابەكرى، لىي تىڭ، ۋۇ شىجيا، چىمەنگۈل مامۇت، جيڭ گۈيفاڭ (ئايال)، ليۇ دېفۇ، رېن جىڭرۇڭ، جاڭ نەن، ماھىنۇر (ئۆزبېك)، ئەركىن توختى، شيۇ يوڭشىڭ، گو شىنشۇن، دولقۇن، تيەن شىنجۇن، لى نەنفاڭ (ئايال)، ئاۋۇتجان مامۇت، جياڭ جىن، چېن شېڭجۇن، خۇاڭ شيەنچى، ياڭ يوڭباۋ.

## ش ئۇ ئا ر ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمەتى يىغىنى

بۇ يىغىن 1999 - يىل 1 - ئاينىڭ 11 — 12 - كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا بېكىتىلگەن ئاپتونوم رايوننىڭ 1999 - يىللىق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتىنىڭ ۋەزىپىلىرى — پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى يېتەكچى قىلىپ، ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ يېڭى ئېگىلىك ۋە يېڭى خىزمىتى يىغىنى، ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنى ۋە جۇڭگو ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ 13 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايون خىزمىتىدىن ئىبارەت ئومۇمىيلىققا ئاڭلىق بويسۇنۇپ ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىپ، قانۇن بويىچە ھوقۇق قوغداشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، خىزمەتلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى تۇتۇپ، ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقى ۋە ئەمگەك - ئىقتىسادىي مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىپ، ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە سەپەرۋەر قىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات نىشانىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشۇشتىن ئىبارەت. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جۇ شېڭتاۋ يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇقادىر نەسىردىن يىغىنغا قاتناشتى.

ۋاڭ جىڭخۇا

## ھەيدەكچىلىك قىلىش ۋە تەكشۈرۈش خىزمىتى

1999- يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى 2 قېتىم «جان - دىل بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىشتا چىڭ تۇرۇش ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ھەققىدە پىكىر» (ش پ ت [1998] 2 - نومۇرلۇق) ھۆججەتنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلدى ۋە ئۇنىڭ ئىزچىللىشىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد كومىتېتى بىلەن بىللە ئىلى ئوبلاستى، بايىنغولىن ئوبلاستى، ئىلى، ئاقسۇ،

قەشقەر، خوتەن، قۇمۇل ۋىلايەتلىرى، سانجى ئوبلاستى، ئۈرۈمچى شەھىرى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە 2 - نومۇرلۇق ھۆججەتنىڭ ئىزچىللىشىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. تەكشۈرۈش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پارتكوملار كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ تايىنىش فاڭجېنىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئالغا سۈرۈش، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ دېموكراتىك باشقۇرۇش تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ھوقۇق مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىش، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردىكى خىزمەتلەرنى خېلى ياخشى ئىشلىدى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ھوقۇق مەنپەئەتىنى ئەمەلىيلەشتۈردى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتىنى كۈچلۈك قوللىدى، ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىسلاھاتقا قاتنىشىش ئاكتىپچانلىقىنى يەنىمۇ قوزغاپ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتىنىڭ قانات يېيىشى ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بەردى.

ۋاڭ جىڭخۇا

## زاۋۇت ئىشلىرىنى ئاشكارىلاش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى

1999 - يىل 6 - ئايدا، ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد - سودا كومىتېتى ۋە ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىرلىكتە «زاۋۇت ئىشلىرىنى ئاشكارىلاش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ھەققىدىكى پىكىر»نى تارقاتتى. بۇنىڭدا، زاۋۇت ئىشلىرىدا ئاشكارىلاشنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى، ئاساسىي مەزمۇنى، ئۇسۇل - چارىسى، تەشكىلىي رەھبەرلىك قاتارلىق جەھەتلەردىكى كونكرېت تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. «پىكىر»دە، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت ۋە كارخانىلارغا مەسئۇل تارماقلاردىن زاۋۇت ئىشلىرىدا ئاشكارا بولۇش خىزمىتىگە يۇقىرى دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش، كارخانا پارتكوم شۇجىلىرى ۋە زاۋۇت باشلىقى (دىرېكتور)لار زاۋۇت ئىشلىرىدا ئاشكارىلاش خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە ئەھمىيەت بېرىش، تەشۋىق - تەربىيىنى كۈچەيتىپ، زاۋۇت ئىشلىرىدا ئاشكارا بولۇشنى ياخشى يولغا قويۇش كەيپىياتى يارىتىش، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش بىلەن ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلارنىڭ باشقۇرۇش جەھەتتىكى نوپۇزىغا ھۆرمەت قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئەستايىدىل ياخشى بىر تەرەپ قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپىنى، زاۋۇتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش پرىنسىپىنى، ئادەتتىكىلىرى بىلەن ئالاھىدە بولغانلىرىنى بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپىنى ياخشى ئىگىلەشكە دىققەت قىلىش تەلەپ قىلىندى.

ۋاڭ جىڭخۇا

## شەپقەت يەتكۈزۈش پائالىيىتىنى تۈزۈملەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى «ھەممە ئائىلىلەرگە بېرىپ ئۆلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش، ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئىللىتىش»دىن ئىبارەت شەپقەت يەتكۈزۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. ئاپتونوم رايوندىكى %85تىن يۇقىرى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتلىرى قىيىنچىلىقى ئېغىر ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ئارخىپ تۇرغۇزۇپ، قىيىنچىلىقى بار ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى قىلىپلاشتۇرۇپ، تۈزۈملەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنى يولغا قويدى. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە سانائەت، نازارەت، ئىدارىلەردە شەپقەت يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى فوند جەمئىيىتى قۇرۇلدى. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى قىيىنچىلىقى بار كارخانا بىلەن ئالاقە باغلاش نۇقتىسىدىن 331نى، شەپقەت يەتكۈزۈش فوند تەشكىلاتىدىن 72نى قۇردى، شەپقەت يەتكۈزۈش فوندى ئومۇمىي سوممىسى 17 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1999 - يىلى ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى ھېيت - بايرام مەزگىلىدە قىيىنچىلىقى بار 926 كارخانىنى زىيارەت قىلدى، 29 مىڭ 541 قىيىنچىلىقى بار ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئائىلىسىدىن ھال سورىدى. شەپقەت يەتكۈزۈش پائالىيىتىگە 12 مىليون 740 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئىشلىتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى ئۆزلىرى غەملىگىنى 2 مىليون 490 مىڭ يۈەن.

ۋاڭ جىڭخۇا

## «ئاياللار قوش مەدەنىيلىك» بويىچە تۆھپە يارىتىش مۇسابىقىسى پائالىيىتى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەر تەشكىلاتلىرى شىنجاڭنى ئېچىش، گۈللەندۈرۈشتىكى «ئاياللارنىڭ قوش مەدەنىيلىك» بويىچە تۆھپە يارىتىش پائالىيىتىدە «ئىش ئورنىدا تۆھپە يارىتىش»، «ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىختىساسلىق بولۇش»، «ئاچا - سىڭىللارنىڭ مېھىر - مۇھەببەت يەتكۈزۈشى»، «مەدەنىيلىك ئائىلە بەرپا قىلىش»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى»

قاتارلىق بىر يۈرۈش پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى. ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتلىرى «بىر تەرەپ قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا، ھەممە تەرەپ ياردەم قىلىش»، «قولنى قولغا تۇتۇشۇپ، قەلبداش بولۇش» تەك كوممۇنىزملىق ھەمكارلىق روھىنى تولۇق جارى قىلدۇردى. ئاپتونوم رايون بويىچە نامراتلارنى يۆلەش فوند جەمئىيىتىدىن 122 سى قۇرۇلدى، 4 مىليون 86 مىڭ يۈەن پۇل، 316 مىڭ 745 نەرسە - كېرەك ئىئانە قىلىندى، قىيىنچىلىقى بار 21 مىڭ 652 ئايال ئىشچى - خىزمەتچىگە ئىقتىسادىي ياردەم بېرىلدى. 2480 ئادەم ئاچا - سىڭىل بولدى، بۇنىڭ بىلەن ئىش ئورنىدىن قالغان، كېسەل بولغان، ئاپەتكە ئۇچرىغان 5500 ئايال ئىشچى - خىزمەتچى نەپكە ئىگە بولدى. بۇ مۇسابىقە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش جەريانىدا بىر تۈركۈم ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر مەيدانغا كەلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەقدىرلىگەن ئىلغار ئايال ئىشچى - خىزمەتچى 249، ئىلغار ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەر خىزمەتچىسى 20، ئىلغار ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەر كوللېكتىپى 9، ئىلغار ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەر دوستى 10، مەدەنىي ئائىلە 10؛ مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى 5 ئىلغار ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەر كوللېكتىپىنى، 6 ئىلغار ئايال ئىشچى - خىزمەتچىسىنى، 5 ئىلغار ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەر خىزمەتچىسىنى، 5 ئىلغار ئايال ئىشچى - خىزمەتچى دوستىنى، 2 مەملىكەت بويىچە مەدەنىيلىك ئائىلىنى تەقدىرلىدى.

ۋاڭ جىڭخۇا

## ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ 5 - قۇرۇلتىيى

بۇ قۇرۇلتاي 1999 - يىل 12 - ئاينىڭ 23 — 25 - كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن قېيۇم باھاۋۇدۇن، خوجىخان ھاكىموۋ، جاڭ گۈيتىڭ، پاشا ئىشانلار قۇرۇلتايغا قاتناشتى. ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قېيۇم باھاۋۇدۇن ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن قۇرۇلتاينى تەبرىكلىدى ھەمدە مۇھىم سۆز قىلدى. قۇرۇلتايدا ش ئۇ ئا ر مائارىپ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى قاراپ چىقىلدى ۋە ماقۇللاندى. ش ئۇ ئا ر مائارىپ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ يېڭى نۆۋەتلىك رەھبەرلىك كوللېكتىپى سايلاپ چىقىلدى.

ۋاڭ جىڭخۇا

## ئاپتونوم رايونلۇق ئىشچى - خىزمەتچىلەر تېخنىكا ھەمكارلىق جەمئىيىتىنىڭ 4 - قۇرۇلتىيى

بۇ قۇرۇلتاي 1999 - يىل 12 - ئاينىڭ 3 — 4 - كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. قۇرۇلتايدا تېخنىكا ھەمكارلىق جەمئىيىتى خىزمىتىنىڭ بۇندىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى يېتەكچى ئىدىيىسى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىدىكى زور ئىستراتېگىيىلىك ۋەزىپىنى چۆرىدىگەن ھالدا ھەر مىللەت تېخنىكا ھەمكارلىق جەمئىيىتى ئەزالىرى ۋە كەڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئاممىسىنى تەشكىللەپ، تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش مەزمۇن قىلىنغان «تېخنىكا ھەمكارلىق جەمئىيىتى يېڭىلىق يارىتىش قۇرۇلۇشى» پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. قۇرۇلتايدا 4 - نۆۋەتلىك تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى، 13 نەپەر مۇئاۋىن باشلىقى ۋە باش كاتىپى سايلاپ چىقىلدى، قۇرۇلتايدا، ش ئۇ ئا ر ئىشچى - خىزمەتچىلەر تېخنىكا ھەمكارلىق جەمئىيىتى بويىچە 22 ئىلغار كوللېكتىپ، 62 ئىلغار شەخس، 7 تۈرلۈك مۇنەۋۋەر تېخنىكا نەتىجىسى تەقدىرلەندى. ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ش ئۇ ئا ر ئىشچى - خىزمەتچىلەر تېخنىكا ھەمكارلىق جەمئىيىتىنىڭ پەخرىي رەئىسى ۋاڭ يۈەن قۇرۇلتايغا قاتناشتى ھەمدە سۆز قىلدى.

ۋاڭ جىڭخۇا

## جۇڭخۇا مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى لى چىشىڭ شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى

جۇڭخۇا مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، پارتگورۇپپىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شۇجىچۇنىڭ شۇجىسى لى چىشىڭ 1999 - يىل 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 8 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى، مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى، ئىلى ئوبلاستى، ئىلى ۋىلايىتى، تۇرپان ۋىلايىتى ۋە تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكىنى تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش قوماندانلىق شتابى قاتارلىق دۆلەت ئىلكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلار ۋە ۋىلايەتلەرگە بېرىپ ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتلىرىنىڭ خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى ھەمدە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ 1 - سېپىدە ئىشلەۋاتقان ئىشچىلارنى يوقلىدى.

ۋاڭ جىڭخۇا

## مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى سۇ لىچىڭ شىنجاڭغا كېلىپ، ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرىدىن ھال سورىدى

مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى شۇجىچۇسىنىڭ

ئۆچىسى مۇ لىچىڭ ئۆمەك باشلىقى بولغان جۇڭگودا مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ شەپقەت يەتكۈزۈش ۋەكىللەر ئۆمىكى 1999 - يىل 1 - ئاينىڭ 16 - كۈنى شىنجاڭغا كېلىپ 4 كۈنلۈك شەپقەت يەتكۈزۈش پائالىيىتى ئېلىپ باردى. ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر ئۈرۈمچى شەھىرى، بايىنغولىن ئوبلاستى ۋە بىكتۇەن يېزا ئىگىلىك 6 - شىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە شەپقەت يەتكۈزۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

ۋاڭ جىڭخۇا

### ئاۋمېن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى «1- ماي» ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى

ئاۋمېن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاۋمېن ھۆكۈمىتى قانۇن تۈزۈش پارلامېنتىنىڭ ئەزاسى ليۇ دياۋخۇا ئۆمەك باشلىقى بولغان ئاۋمېن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى «1 - ماي» ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر 1999 - يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 8 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە تۇرپان قاتارلىق جايلاردا زىيارەتتە بولدى ھەمدە شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇش مۇۋەپپەقىيەتلىرى سۈرەت كۆرگەزمىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. بۇ، ئاۋمېن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ تۇنجى قېتىم ئۆمەك ئەۋەتىپ، شىنجاڭنى زىيارەت قىلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ۋاڭ جىڭخۇا

### شىنجاڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەر ساياھەت كوپېراتىپى

بۇ كوپېراتىپ 1999 - يىل 1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ جۇڭگو ئىشچى - خىزمەتچىلەر ساياھەت باش كوپېراتىپىغا ئەزا ئورۇن، ئۇنىڭ كەسپىي دائىرىسى ئاساسلىقى، جۇڭگو ئىشچى - خىزمەتچىلەر ساياھەت باش كوپېراتىپى ۋە مەملىكەتتىكى ئۆلكە، رايون، شەھەرلەردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ساياھەت كوپېراتىپى ھەمدە باشقا ساياھەت تەشكىلاتلىرىنىڭ تەشكىللىشىدىكى شىنجاڭغا كېلىپ سەيلە - ساياھەت قىلىدىغانلارنى، دەم ئالىدىغانلارنى كۈتۈۋېلىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە شىنجاڭدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى، ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچى (خىزمەتچى)، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمەتچىلىرى ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە زاتلارنىڭ ئىچكىرىگە بېرىپ سەيلە - ساياھەت قىلىشى ۋە دەم ئېلىشىنى تەشكىللەشتىن ئىبارەت.

ۋاڭ جىڭخۇا

### قىرغىزىستان ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىرلەشمىسى ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى

قىرغىزىستان ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى ساسىبېكوۋ ئۆمەك باشلىقى بولغان قىرغىزىستان ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىرلەشمىسى ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى 4 كىشى 1999 - يىل 12 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى، ئۇلار ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ش ئۇ ئا ر تاشقى ئىشلار (مۇھاجىرلار) ئىشخانىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ئىككى تەرەپنىڭ ھەمكارلىق ئىشلىرىنى ئورتاق كېڭەشتى.

ۋاڭ جىڭخۇا

## كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى

### ئىتتىپاق تەشكىلىنىڭ ئەھۋالى

ئاپتونوم رايون بويىچە 1999 - يىلدىكى ياش (14 — 35 ياشقىچە) 4 مىليون 150 مىڭ 246، 14 — 28 ياشقىچە بولغان ياش 3 مىليون 11 مىڭ 288، ئىتتىپاق ئەزاسى 1 مىليون 37 مىڭ 796 بولۇپ، ياشلارنىڭ (14 — 28 ياشقىچە) %46. 34نى ئىگىلىدى؛ قىز ئىتتىپاق ئەزاسى 425 مىڭ 47، ئازسانلىق مىللەتلەردىن بولغان ئىتتىپاق ئەزاسى 521 مىڭ 385. مۇشۇ بىر يىلدا يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان ئىتتىپاق ئەزاسى 154 مىڭ 820. پارتىيىگە قوبۇل قىلىنغان ئىتتىپاق ئەزاسى 19 مىڭ 653، ئىتتىپاق تەشكىلىي مۇناسىۋىتى ساقلاپ قېلىنغان پارتىيە ئەزاسى (يېشى 28كە توشمىغان ياش پارتىيە ئەزاسى) 18 مىڭ 852. ئاپتونوم رايون بويىچە ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق كومىتېتى 2848گە، ئىتتىپاق باش ياچېيكىسى 3936گە، ئىتتىپاق ياچېيكىسى 43 مىڭ 97گە يەتتى.

تەشكىلىي قۇرۇلۇشى ش ئۇ ئا ر 8 - نۆۋەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ 6 - ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى 2 - ئايدا ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا تالىغات ئۇسۇن (قازاق)، زۇڭ جيەنلەر ش ئۇ ئا ر 8- نۆۋەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا، دائىمىي ئەزالىقىغا كۆپەيتىپ سايلاندى. 12 - ئايدا ئاپتونوم رايون كارخانىلىرىدىكى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى قۇرۇلۇشى بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش نەق مەيدان يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى.

مۇنەۋۋەرلەرنى تەقدىرلەش ئەھۋالى 5 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى ما خۇيچىن قاتارلىق 124 كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاق ئەزاسىغا «ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاق ئەزاسى» دەپ، خۇاڭ يېپىڭ قاتارلىق 110 ئىتتىپاق كادىرىغا «ئاپتونوم رايون بويىچە

مۇنەۋۋەر ئىتتىپاق كادىرى» دەپ نام بەردى. 12 - ئايدا كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 8 - شىسىنىڭ ئىتتىپاق كومىتېتى شۇجىسى جاڭ جيەنجۇڭگە «مەملىكەت بويىچە كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى سىستېمىسىدىكى ئىلغار خىزمەتچى» دەپ نام بەردى.

كادىر تەربىيىلەش 1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى ئاساسىي قاتلام ئاز سانلىق مىللەت ئىتتىپاق كادىرلىرىدىن 5 كىشىنى شەندۇڭ ئۆلكىسىگە يېرىم يىللىق ۋەزىپە بىلەن چېنىقىشقا ئەۋەتتى. ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى ئورگىنىدىن مۇئاۋىن نازىر دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلاردىن 2 كىشى، باشقارما دەرىجىلىك كادىرلاردىن بىر كىشى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا كەسپىنى ئۆزگەرتىپ يۆتكەپ بېرىلدى.

كادىر يېتىشتۈرۈش 1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى كادىر يېتىشتۈرۈش خىزمىتى سالمىقىنى ئاشۇردى. شىنجاڭ ئىتتىپاق مەكتىپىدە 3 قارار «ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى» ئېچىلدى، كۇرستا ناھىيە (شەھەر)، يېزا (بازار) لىق، ئىتتىپاق كومىتېتى كادىرلىرىدىن بولۇپ 200 دىن ئارتۇق ئادەم تەربىيىلەندى. 50 نەچچە ئىتتىپاق كادىرى مەركىزىي كومىتېت ئاچقان «كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى قۇرۇلۇشى كۇرسى» قاتارلىق ئوخشاش بولمىغان 6 كۇرس (قېتىم) قا تاللاپ قاتناشتۇرۇلدى. 40 ئىتتىپاق كادىرى گۇاڭجۇ شەھەرلىك ئىتتىپاق مەكتىپى ئويۇشتۇرغان «شىنجاڭ ئىتتىپاق كادىرلىرى»نى تەربىيىلەش كۇرسىغا تاللاپ قاتناشتۇرۇلدى. ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتلىرى ھەر دەرىجىلىك، ھەر تۈرلۈك ئىتتىپاق ئەزالىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىنى ئېچىپ، 4500 دىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى.

لو فۇيۇڭ

## كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق 9 - قۇرۇلتىيى

بۇ قۇرۇلتاي 1999 - يىل 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى، قۇرۇلتايدا سايلاپ چىقىلغان ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى 13 دائىمىي كومىتېت ئەزاسى، 50 كومىتېت ئەزاسى ۋە 30 كاندىدات ئەزادىن تەركىب تاپتى.

قۇرۇلتايدا ئەركىن تۇراخۇن ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىلىقىغا، سۇڭ ئەيرۇڭ قاتارلىق 5 كىشى مۇئاۋىن شۇجىلىققا سايلاندى. ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر قايسى سەپلىرىدىن كەلگەن 498 ئىتتىپاق ئەزاسى ۋەكىللى قۇرۇلتايغا قاتناشتى.

ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ۋە بىڭتۇەن رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت، ۋاڭ چۈەنيۇ قاتارلىقلار قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى. كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى چياۋ باۋپىڭ كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قۇرۇلتايغا ئەۋەتكەن تەبرىك خېتىنى ئوقۇدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جۇ شېڭتاۋ قۇرۇلتايدا تەبرىك سۆزى قىلدى، مەملىكەت بويىچە 21 ئۆلكىلىك، شەھەرلىك، ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتلىرى قۇرۇلتايغا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى.

لو فۇيۇڭ

## كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشى خىزمىتى يىغىنى

بۇ يىغىننى ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى 1999 - يىل 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە ئاقسۇدا ئاچتى. ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈملىرىنىڭ باشلىقلىرى، ئىتتىپاق كومىتېتلىرىنىڭ شۇجىلىرى، بىر قىسىم نۇقتىلىق ناھىيىلىك، شەھەرلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىرى، ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىلىرى، بىڭتۇەن ئىتتىپاق كومىتېتى ۋە شى، ئىدارىلەرنىڭ ئىتتىپاق كومىتېتى شۇجىلىرىدىن بولۇپ جەمئىي 120 دىن ئارتۇق كىشى يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا بىر قىسىم ۋىلايەت (ئوبلاست)، ناھىيە (شەھەر)، يېزا (بازار) لاردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشى ئارقىلىق ئىتتىپاق قۇرۇلۇشىنى يېتەكلەش ۋە ئىتتىپاق قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى كۈچەيتىش بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇلدى، ئاقسۇ ئۇرۇقچىلىق مەيدانى قاتارلىق پارتىيە قۇرۇلۇشى ئارقىلىق ئىتتىپاق قۇرۇلۇشىنى يېتەكلەش ۋە ئىتتىپاق قۇرۇلۇشى بويىچە ئۆلگىلىك نۇقتىلار نەق مەيداندا ئېكسكۇرسىيە قىلىندى. يىغىندا يەنە 2 - نۆۋەتلىك «شىنجاڭدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ياش دېھقان، چارۋىچىلار» تەقدىرلەندى.

ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى مەن زوڭجۇ، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جۇ شېڭتاۋنىڭ «پارتىيە قۇرۇلۇشى ئارقىلىق ئىتتىپاق قۇرۇلۇشىنى يېتەكلەشتە چىڭ تۇرۇپ، يېزا ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق تەشكىلىي قۇرۇلۇشى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك»

دېگەن يازما سۆزىنى ئوقۇپ ئۆتتى. ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ئەركىنجان تۇراخۇن «‹ئىككىنى يېتەكلەش، بىرنى بەرپا قىلىش› نى تۇتقا، ئارقىدا قالغانلارنى تەرتىپكە سېلىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئومۇمىيۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرەيلى» دېگەن تېمىدا خىزمەت دوكلاتى بەردى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاۋ دېجۇڭ پارتىيە تەشكىلاتى پارتىيە قۇرۇلۇشى ئارقىلىق ئىتتىپاق قۇرۇلۇشىنى يېتەكلەش خىزمىتىنى قانداق قىلغاندا ياخشى ئىشلىگىلى بولىدۇ، دېگەن تېمىدا سۆز قىلدى. ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى خۇ چۈنخۇا يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە سۆز قىلدى.

جاڭ يىڭ

## ياشلار بىرلەشمىسى خىزمىتى

1. 1999 - يىل 1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ياشلار بىرلەشمىسى 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 2 - قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنىنى ئاچتى، يىغىندا يېڭى دەۋردىكى ياشلار بىرلەشمىسى خىزمىتىنى پارتىيە ھۆكۈمەتنىڭ مەركىزىي خىزمىتىگە، جەمئىيەتكە، ياشلارغا مۇلازىمەت قىلدۇرۇپ، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە ياشلار بىرلەشمىسى ئەزالىرىنىڭ ئەسىر ھالقىش نىشانىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ش ئۇ ئا ر ياشلار بىرلەشمىسى 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتى رەئىسلەر يىغىنىنىڭ مۇزاكىرە قىلىپ قوشۇلۇشى ئارقىلىق 63 كىشىنى ش ئۇ ئا ر ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ ئەزالىقىغا تولۇقلاش قارار قىلىندى.

2. ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر ياشلار بىرلەشمىسى قاتارلىق 9 ئورۇن بىرلىشىپ ئۇيۇشتۇرغان 4 - نۆۋەتلىك «شىنجاڭدىكى 10 كۆزگە كۆرۈنگەن ياش»نى باھالاش پائالىيىتىنىڭ نەتىجىسى 1999 - يىل 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئېلان قىلىندى. بۇنىڭدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرغاق ئېكولوگىيىلىك مۇھىت تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى فەن شاۋلىڭ، قاغىلىق تاشيول باش ئۆچاستكىسى ئاياللار داۋبەننىڭ باشلىقى رابىگۈل ئىسمىن، قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى ئىلى ئوبلاستلىق تارماق ئەترىتى غۇلجا ناھىيىلىك ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى ليۇ جەنيۇن، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق مەلۇم قىسىم 63 - شۆبە قىسىمنىڭ كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرى جاڭ لياڭشەن، ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە كومىتېتى بوكس ھەرىكىتىنى باشقۇرۇش مەركىزىدىكى ئابدۇشۈكۈر مىجىت، شىنجاڭ شىخو پىۋىسى گۇرۇھىنىڭ لېدىرى قوشۇمچە باش دىرېكتورى ۋاڭ گودۇڭ، «خوڭجىلىڭ» ئالاقە خەۋەرلىشىش ئىشلىرى چەكلىك شىركىتىنىڭ لېدىرى قوشۇمچە باش دىرېكتورى لى جيەنخۇڭ، كورلا پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى ئېگىرىش 1 - شۆبە مەيدانى توم ئېگىرىش سېخى تاراش ئۈسكۈنىلىرىنى ئاسراشنى تەكشۈرگۈچى باۋ لىدەي، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 7 - شىسى كۈيتۇڭ دەريا باشقارمىسى پارتكومىنىڭ شۇجىسى لى ئەيجۇڭ، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى خەۋەرلەر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئىلھام ئوسمان قاتارلىقلار مۇكاپاتقا ئېرىشتى، ۋاڭ مىڭشەن قاتارلىق 20 كىشى 4 - نۆۋەتلىك «شىنجاڭدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ئون ياش» بويىچە ئىسمىنى ئاتاش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

3. 1999 - يىل 5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر ياشلار بىرلەشمىسى بىرلىكتە شىنجاڭ بويىچە 3 - قېتىملىق ھەر مىللەت ياشلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىق - تەرەققىيات بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى. يىغىندا كۈيتۇڭ دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئامبىرى قاتارلىق 55 ئورۇنغا «شىنجاڭ بويىچە ھەر مىللەت ياشلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىق - تەرەققىيات بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ» دەپ، ئۆمەر مەمەت، ياۋ شىڭ قاتارلىق 90 كىشىگە «شىنجاڭ بويىچە ھەر مىللەت ياشلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىق - تەرەققىيات بويىچە ئىلغار شەخس» دەپ نام بېرىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ دائىمىي ئەزاسى ئىسمائىل تىلىۋالدى يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە سۆز قىلدى.

4. قىرغىزىستان «مېلىم» خەلقئارا خەيرى - ساخاۋەت فوند جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى، مەملىكەتلىك ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق، ش ئۇ ئا ر ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى زوڭ جيەن ئۆمەك باشلىقى بولغان جۇڭگو ئۆسمۈر ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى 15 كىشى 1999 - يىل 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە قىرغىزىستاندا ئۆتكۈزۈلگەن «'99 كىچىك ئىختىساسلىقلار» خەلقئارا سەنئەت يازلىق لاگېرىغا قاتناشتى.

5. 1999 - يىل 11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر ياشلار بىرلەشمىسى شىنجاڭ ئەسىر ھالقىيدىغان ياش ئىختىساسلىقلار سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. سۆھبەت يىغىنىغا يېڭىدىن سايلانغان ۋە ئۆتكەن نۆۋەتلىك «شىنجاڭدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ئون ياش» ھەمدە بىر قىسىم ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ ئەزالىرى قاتناشتى. يىغىن قاتناشچىلىرى ئىختىساسلىقلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، ياش ئىختىساسلىقلار (بولۇپمۇ يېزىدىكى ياش ئىختىساسلىقلار)نى يېتىشتۈرۈش، شىنجاڭ ياش ئىختىساسلىقلار تورىنى قانداق قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ۋە ياش ئىختىساسلىقلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى تۈزۈپ

چېقىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلدى.

مۇرات ئاماننۇر

## ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى

1999 - يىل 4 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى ۋە شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىرلىكتە شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىشتىن سىرتقى ناخشىچىلار ناخشا ئېيتىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. 13 ئالىي مەكتەپ تاللاپ ئەۋەتكەن ھەر مىللەت مەكتەپ ناخشىچىلىرى مۇسابىقىگە قاتناشتى، مۇسابىقىدە 12 ساۋاقداش ئاممىباب، ياۋروپاچە، مىللىيچە ناخشا ئېيتىش گۇرۇپپىسى بويىچە 1 -، 2 -، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

5 — 6 - ئايغىچە ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر مائارىپ كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر ئالىي مەكتەپ خىزمىتى كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى 196 «ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى»نى، 103 «مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلار كادىرى»نى ۋە 48 «ئىلغار سىنىپ كوللېكتىپى»نى تەقدىرلىدى.

10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر ئۈچۈر ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى بىرلىشىپ، شىنجاڭ مائارىپ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئاڭلىتىش زالىدا «ئۆتكۈر پەن - تېخنىكا لوڭقىسى» بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كومپيۇتېردا مەخسۇس تېما مۇنازىرىلىشىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ تېببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ نېفىت ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش كادىرلار ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ ج خ - ئەدلىيە باشقۇرۇش كادىرلىرى ئىنستىتۇتى قاتارلىق 8 ئالىي مەكتەپ گۇرۇپپىسى مۇسابىقىگە قاتناشتى، مۇسابىقىدە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كوماندىسى چېمپىيون بولدى، شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى كوماندىسى 2 - بولدى.

10 - ئايدا شىنجاڭ تېببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىبراھىم ئىسمائىل «خو چۈنەن» مۇنەۋۋەر ستودېنتلار ئوقۇش مۇكاپات پۇلىغا، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئارزىگۇل ۋە شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى يۇلۇ مۇنەۋۋەر مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى تەبرىكلەش، «9 - دېكابىر» ئوقۇغۇچىلار ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتىنىڭ 64 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى شىنجاڭ بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك ئالىي، تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوبراز لايىھىلەش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ تېببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتى قاتارلىق 10 دىن ئارتۇق ئالىي مەكتەپ ۋە شىنجاڭ سىزچىلىق - سىز ئېلېكتر مەكتىپى، شىخەنزە پېداگوگىكا مەكتىپى، شىنجاڭ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 14 -، 8 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئىبارەت 7 ئوتتۇرا تېخنىكوم، ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 200 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىسى مۇسابىقىگە قاتناشتى. شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى خەن شۇفېي ۋە شىنجاڭ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى نىخمەت ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى نادىرە، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى شۇ جىڭ، شىنجاڭ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى سۇڭ ئاۋ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 14 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى خاتىمە كۈمۈش مېدال مۇكاپاتىغا، شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ۋۇ يەن، شىنجاڭ تېببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى قارىمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانا سېستىرالىق مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى دىلدار قاتارلىق 8 ئوقۇغۇچى مىس مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

شۆ فېڭ

## «ئۈمىد» قۇرۇلۇشى خىزمىتى

1999 - يىلى شىنجاڭ ياش - ئۆسمۈرلەر تەرەققىيات فوندى جەمئىيىتى جەمئىيەتتىكى تارقاق مەبلەغنى پائال توپلاپ، «ئۈمىد» قۇرۇلۇشىغا 61 مىڭ يۈەن مەبلەغ جۇغلاپ بەردى. ئاخبارات ۋاسىتىلىرى ۋە شىنجاڭ ياش - ئۆسمۈرلەر تەرەققىيات فوند جەمئىيىتى بېسىپ تارقاتقان «چۈش تەبىرى» رەسىملىك توپلىمىدا «ئۈمىد» قۇرۇلۇشىنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى ۋاقتىدا خەۋەر قىلىنىپ، «ئۈمىد» قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى نەتىجىلەر جەمئىيەتكە نامايان قىلىندى. 5 - ئايدا شىنجاڭ ياش - ئۆسمۈرلەر تەرەققىيات فوندى جەمئىيىتى يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى، قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى، سودا - سانائەت بانكىسىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى بىلەن بىللە ئۈرۈمچىدە «ئۈمىد» قۇرۇلۇشى بويىچە دۆلەت ئىچىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق ئىئانە توپلاشقا ئۈندەش پائالىيىتىدىن پايدىلىنىپ، چىراغلىق ئېلان تاختىسى ئورنىتىلغان كوچا

ياسىدى. 6 - ئايدا شىنجاڭ ياش - ئۆسمۈرلەر تەرەققىيات فوندى جەمئىيىتى خىزمەتچى خادىملارنى ئالتاي، ئىلى، خوتەن، ئاقسۇ، قۇمۇل، قەشقەر قاتارلىق ۋىلايەتلەرگە بېرىپ 9 ناھىيىدىكى 10 «بەخت ئۈمىد باشلانغۇچ مەكتىپى»نى مەخسۇس تور بويىچە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشقا تەشكىللىدى. تەكشۈرۈشتە مەكتەپ قۇرۇلۇشىغا كېتىدىغان مەبلەغكە خىيانەت قىلىش، يۆتكەپ ئىشلىتىۋېلىش، تۇتۇپ قېلىش مەسىلىلىرى بايقالمىدى. 1999 - يىلى شىنجاڭ ياش - ئۆسمۈرلەر تەرەققىيات فوندى جەمئىيىتى جەمئىيەتتىن ئىئانە قىلىنغان 3 مىليون 720 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇلنى تاپشۇرۇۋالدى. بۇ پۇل بىلەن ئوقۇشسىز قالغان ۋە ئوقۇشسىز قېلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان 391 بالىنى قۇتقۇزدى، 3 ۋاقىتلىق رەسىم ئامبىرىدىن 6 يۇرۇش سەپلىدى، 16 «ئۈمىد» باشلانغۇچ مەكتىپى سېلىپ بەردى.

جاڭ شىنپىڭ

## «ئىككىنى قولغا كەلتۈرۈش» پائالىيىتى ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «ياش ئىش ئورنى ماھىرى بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش، ياشلار مەدەنىي ئورنى بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش» پائالىيىتى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى. يىل بېشىدا ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى، ئەمگەك نازارىتى، ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد - سودا كومىتېتى بىرلىكتە ئاپتونوم رايون بويىچە «10 ياخشى ياش ئىش ئورنى ماھىرى»نى باھالاپ چىقتى ھەمدە ئۇلارنى تەقدىرلىدى ۋە مۇكاپاتلىدى. يىل ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە 58 «ياش ئىش ئورنى ماھىرى» باھالاندى. مەدەنىي ياشلار ئورنىنى نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ياشلار مەدەنىي ئورنىنىڭ ئىلغارلىقى، ۋەكىللىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر ياشلار مەدەنىي ئورنى تەشكىلىي ھەيئىتى 1995 - يىلدىن بۇيان نام بېرىلگەن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك (دۆلەت دەرىجىلىكمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ياشلار مەدەنىي ئورنىدىن 350 نى تەكشۈرۈپ يېڭىۋاشتىن ئېتىراپ قىلدى. 1999 - يىللىق ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ياشلار مەدەنىي ئورنى بولۇشقا يېڭىۋاشتىن ئىلتىماس قىلغان 135 ئورۇن تەكشۈرۈلدى ۋە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى. ش ئۇ ئا ر ياشلار مەدەنىيلىك ئورنى تەشكىلىي ھەيئىتى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالغان ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك (دۆلەت دەرىجىلىكمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 309 ياشلار مەدەنىي ئورنى ئىچىدىن تۈنجى قېتىمدا ئاپتونوم رايون بويىچە «ئون ياخشى مەدەنىي ياشلار ئورنى» باھالاپ چىقىلدى، بۇنىڭدىن باشقا 80 ئورۇن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ياشلار ئورنى دېگەن نامغا ئېرىشتى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە مەملىكەتلىك ياشلار ئىش ئورنى ماھىرىدىن 44ى، مەملىكەت دەرىجىلىك مەدەنىي ياشلار ئورنىدىن 67 سى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ماھىردىن 410ى، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە دەرىجىلىك ماھىردىن 10 نەچچە مىڭى بارلىققا كەلدى.

ۋاڭ شياۋيىن

## ياش پىدائىيلار ھەرىكىتى

1999 - يىل 3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ماۋ زېدۇڭنىڭ «يولداش لېي فېڭدىن ئۆگىنەيلى» دېگەن بېغىشلىمىسىنى يازغىنىغا 36 يىل توشقان كۈن. ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى 100 مىڭدىن ئارتۇق ياش پىدائىينى كوچىلاردىكى قار - مۇز، ئەخلەتلەرنى تازىلاش، يول بويىدىكى رىشاتكىلارنى يۇيۇش قاتارلىق مەھەللىۋى مۇلازىمەت پائالىيىتىگە ئۇيۇشتۇردى. ئۇلار ش ئۇ ئا ر مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇش كومىتېتىنىڭ «ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش، مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش، يېڭى كەيپىيات يارىتىشنى تەشەببۇس قىلىش» پائالىيىتىگە ماسلىشىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ياش پىدائىيلار مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇردى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىدە، ش ئۇ ئا ر ساياھەت مەكتىپىنىڭ 50 ياش پىدائىيى ئۆزلىرىنىڭ يۇقىرى سەۋىيىلىك مۇلازىمىتى ۋە ئاكتىپ خىزمەت پوزىتسىيىسى بىلەن ياخشى باھاغا ئېرىشتى.

جۇڭگو ياشلار بىرلەشمىسى «ياش پىدائىيلارنىڭ ماكارىپقا ياردەم بېرىش، نامراتلارنى يۆلەش، كۆچ ئۆلاش پىلانىنى يولغا قويۇش ھەققىدىكى ئالاقىدار سىياسەتلەرگە دائىر پىكىر» ناملىق [1998] 28 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنى تارقاتتى. ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر ياش پىدائىيلار جەمئىيىتى مەملىكەت مىقياسىدا ياشلارنى پىدائىي بولۇشقا ئاشكارا چاقىردى، 2 يولداش 1 - تۈركۈمدە ياشلارنىڭ نامراتلارنى يۆلەش، كۆچ ئۆلاش پىلانى بويىچە پىدائىي بولۇپ تاللاندى، ئۇلار: گۇاڭشى بېڭياڭ ناھىيىسى داچياۋ شېكەر زاۋۇتى پارتكوم ئىشخانىسىدىن ۋېي ليېدىڭ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدىن ئامانگۈل. بۇ 2 ياش پىدائىينىڭ كېرىيە ناھىيىسىدىكى خىزمەت ئىپادىسى گەۋدىلىك بولغاچقا، شۇ جايدىكى ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

1999 - يىل 2 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى تۇنجى قېتىم يۇ جۈەن قاتارلىق كۆزگە كۆرۈنگەن 10 ياش پىدائىينى، شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى نېفىت ئېلىش 1 - زاۋۇتىنىڭ ياش پىدائىيلار مۇلازىمەت ئەترىتى قاتارلىق كۆزگە كۆرۈنگەن 10 ياش پىدائىيلار كوللېكتىپىنى، 20 ياش

پېدائىيلار ئىلغار كوللېكتىپىنى، 20 ياش ئىلغار پېدائىيىنى تەقدىرلىدى.

چاڭ چيەن

## ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆچنى يېزىلارغا يەتكۈزۈش پائالىيىتى

ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر ئالىي مەكتەپ خىزمىتى كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر مائارىپ كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى قاتارلىق ئورۇنلار بىرلىكتە 1999 - يىل 7 - ئايدىن 8 - ئايغىچە ئاپتونوم رايوندىكى ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدىكى پېدائىيلارنىڭ مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكا، سەھىيەدىن ئىبارەت ئۆچنى يېزىلارغا يەتكۈزۈش پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇردى.

6 - ئاينىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ نېفىت ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنستىتۇتى، سانجى پېداگوگىكا تېخنىكومى، شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىدىن ئىبارەت 10 نەچچە ئالىي مەكتەپ مۇلازىمەت ئەترىتىنى ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى بىۋاستە مەسئۇل بولىدىغان نۇقتىلىق مۇلازىمەت ئەترىتى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئالىي مەكتەپلەر تەشكىللىگەن ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش مۇلازىمەت ئەترىتى، ئەدەبىيات - سەنئەت، ئويۇن قويۇش مۇلازىمەت ئەترىتى، يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا مۇلازىمەت ئەترىتى، تىببىي داۋالاش - سەھىيە مۇلازىمەت ئەترىتى ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا بېرىپ پېدائىي مۇلازىمەت پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

ئۆچنى يېزىلارغا يەتكۈزۈش پائالىيىتى جەريانىدا، ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى مەكتەپلەردىن 100 مۇنەۋۋەر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ۋە 100 ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنى تاللاپ، جەنۇبىي شىنجاڭ ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت تەكشۈرۈش ئۆمىكى ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بېيجىڭغا بېرىپ ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت تەكشۈرۈش ئۆمىكى تەشكىللىدى، بۇنىڭ بىلەن، ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بويان ۋەتىنىمىزدە ۋە شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.

مەلۇماتقا قارىغاندا، ئاپتونوم رايون بويىچە ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدىكى 34 مىڭ پېدائىي ئۆچنى يېزىلارغا يەتكۈزۈش پائالىيىتىگە قاتناشقان، 700 نەچچە تارماق مۇلازىمەت ئەترىتى تەشكىل قىلىنغان، ئۇلار 62 ناھىيە، شەھەرگە تارقالغان، بۇنىڭ ئىچىدە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش پېدائىيلار مۇلازىمەت تارماق ئەترىتى 72، ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدىكى پېدائىيلار ئەدەبىيات - سەنئەت، ئويۇن قويۇش مۇلازىمەت تارماق ئەترىتى 64، يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا مۇلازىمەت تارماق ئەترىتى 48، تىببىي داۋالاش - سەھىيە مۇلازىمەت تارماق ئەترىتى 39، قانۇن تەشۋىقات مۇلازىمەت تارماق ئەترىتى 41، مىللەت، دىن سىياسىتى تەشۋىقاتى تارماق ئەترىتى 69. ئاپتونوم رايون بويىچە 84 يېزا - بازاردا كىتاب پونكىتى قۇرۇلغان. ئۆچنى يېزىلارغا يەتكۈزۈش مەزگىلىدە 140 مەيداندىن ئارتۇق ئويۇن قويۇلغان، 88 يېزا - بازار كارخانىسىغا ياردەم بېرىلگەن، 306 مەيدان يېزا تەرەققىيات لېكسىيىسى ئۇيۇشتۇرۇلغان. مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى، ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى، مائارىپ مىنىستىرلىكى ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتىغا مەملىكەت بويىچە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت تەكشۈرۈشى ۋە ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدىكى پېدائىيلارنىڭ يازلىق تەتىل ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ «ئۆچنى يېزىلارغا يەتكۈزۈش» پائالىيىتى بويىچە مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتى بەردى.

مەي فاڭ

## ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ «خىرىس لوڭقىسى»نى تالىشىش پائالىيەتلىرى

1999 - يىلى ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى، جۇڭگو پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى، مەملىكەتلىك ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى ئالاقىدار ئورۇنلار بىلەن بىرلىكتە شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ «خىرىس لوڭقىسى» نى تالىشىش پائالىيەتلىرىنى تەشكىللىدى. 5 - ئايدىن 11 - ئايغىچە ئاپتونوم رايوندىكى ئالىي مەكتەپلەر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى دەرستىن سىرتقى ئىلمىي ئەسەر ۋە پەن - تېخنىكا ئەسىرى مۇسابىقىسى ۋە ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يېڭى ئەسەرگە نەزەر سېلىش ئاساسىي تېما قىلىنغان لايىھىلەش مۇسابىقىسى پائالىيەتلىرىگە قاتناشتۇردى. ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەر يېڭى ئەسىرگە نەزەر سېلىش ئاساسىي تېما قىلىنغان لايىھىلەش مۇسابىقىسىگە 435 پارچە ئەسەر ئەۋەتتى، ئالىي مەكتەپلەر 316 ئەسەر يوللىدى. 6 -

نۆۋەتلىك «خىرىس لوڭقىسى»نى تالىشىش بويىچە مەملىكەتلىك ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دەرستىن سىرتقى ئىلمىي ئەسەر ۋە پەن - تېخنىكا ئەسەرلىرى مۇسابىقىسىنىڭ ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسىغا ۋە ئەسەر كۆرگەزمىسىگە قاتناشقاندا، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كوللېكتىپ 170 نومۇرلۇق نەتىجە بىلەن مەملىكەت بويىچە مۇسابىقىغا قاتناشقان مەكتەپلەر ئىچىدە ئالدىنقى 20 - لىككە كىرىشتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى مەملىكەتلىك 6 - نۆۋەتلىك «خىرىس لوڭقىسى»نى تالىشىش بويىچە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دەرستىن سىرتقى ئىلمىي ئەسەر ۋە پەن - تېخنىكا ئەسەرلىرى مۇسابىقىسى پائالىيىتىدە مۇنەۋۋەر تەشكىللىگۈچى ئورۇن دېگەن نامغا ئېرىشتى.

مەي فاڭ

## پىئونېرلار خىزمىتى

1999 - يىل 6 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پىئونېرلار خىزمىتى كومىتېتى پىئونېرلارنى مەملىكەتلىك «لېبەيشى» لوڭقىسى «قول تۇتۇشۇش» ئۆز يۇرتىمىنىڭ 50 يىللىق ئۆزگىرىشى ھەققىدە خەت ئالاقە قىلىش مۇسابىقىسىغا قاتنىشىشقا ئۇيۇشتۇردى، ئاپتونوم رايون بويىچە 2 پىئونېر كۈمۈش مېدال مۇكاپاتىغا، 21 پىئونېر مىس مېدال مۇكاپاتىغا، 23 پىئونېر خاتىرە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن «ياش بۈركۈت لوڭقىسى»نى تالىشىش بويىچە بەش ئۆز ئەمەلىيەتنى نامايان قىلىش پائالىيىتىدە ئاپتونوم رايوندىن مۇسابىقىغا قاتناشتۇرۇلغان بىر تەتقىقات تېمىسى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 2 تەتقىقات تېمىسى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 7 تەتقىقات تېمىسى رىغبەتلەندۈرۈش مۇكاپاتىغا، بىر كىشى باغۋەن مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ش ئۇ ئا ر پىئونېرلار خىزمىتى كومىتېتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پىئونېرلار خىزمىتى كومىتېتى بىرلىكتە «1 - ئىيۇن» باللار بايرىمىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن، 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى شىنجاڭ خەلق سارىيىدا ۋەتەننى مەدھىيىلەش، ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى تەبرىكلەش ئاساسىي تېما قىلىنغان ئويۇن قويۇش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇردى. 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پىئونېرلار خىزمىتى كومىتېتى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى خەلق مەيدانىدا ئاز كەم 6000 پىئونېر قاتناشقان دۆلەت بايرىقى چىقىرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى ھەمدە ئۈرۈمچى شەھەرلىك ياش - ئۆسمۈرلەر سارىيىدا «يېڭى ئەسىرگە يۈرۈش قىلىش» بويىچە ئۆسمۈر - باللارنىڭ ھۆسنخەت، رەسىم مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە «مۇھەببەت ئاسراش يازلىق لاگېرى»، گاس - گاچا باللاردىن ھال سوراش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇردى.

10 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر مائارىپ كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر پىئونېرلار خىزمىتى كومىتېتى بىرلىكتە ئاپتونوم رايون بويىچە 3 - نۆۋەتلىك 10 ياخشى پىئونېر، 10 ياخشى يېتەكچىنى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 25 مۇنەۋۋەر يېتەكچىنى باھالاپ چىقتى ۋە مۇكاپاتلىدى، ياش بۈركۈتلەر ھەرىكىتى بويىچە ئۆلچەمگە يېتىش مېدالىنى تالىشىش پائالىيىتىدە ئىپادىسى گەۋدىلىك بولغان 185 پىئونېر تەقدىرلەندى.

خۇاڭ شيا

## ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ كۆچەت تىكىپ ئوت - چۆپ تېرىپ يېشىللىق بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى قوغداش ھەرىكىتى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى ۋە ياشلار - ئۆسمۈرلەر ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش ۋە ياخشىلاش، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىگە بەخت يارىتىش، تاغ - دەريالىرى گۈزەل بولغان يەنە بىر شىنجاڭنى بەرپا قىلىش مەقسىتىدە، ئاممىۋى خاراكتېرلىك كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىش، ۋەتەننى كۆكەرتىش پائالىيىتىگە پائال قاتنىشىپ، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت ياشلار - ئۆسمۈرلەرنى پىدائىيلارنىڭ كۆچەت تىكىپ يېشىللىق بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى قوغداشتىن ئىبارەت ئەمەلىي پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلدى ۋە تەشكىللىدى. 1999 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ كۆكەرتىش قورۇلۇشىدىن 4001نى بەرپا قىلدى، 58 مىڭ گېكتار يەردە ياشلار - ئۆسمۈرلەر ئورمىنى بەرپا قىلدى. ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى 10 مىڭدىن ئارتۇق ياش پىدائىينى تەشكىللەپ، ئۈرۈمچىنىڭ يامالىق تېغىدا قاقاسلىقنى كۆكەرتىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. 1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر كۆكەرتىش كومىتېتى، ئورمانچىلىق نازارىتى بىرلىكتە ياشلارنىڭ كۆچەت تىكىپ يېشىللىق بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى قوغداش بويىچە 40 ئىلغار كوللېكتىپ، 40 ئىلغار شەخسنى تەقدىرلىدى.

ئارزىگۈل

## مۇنەۋۋەر ياشلار - ئۆسمۈرلەر ھوقۇقىنى قوغداش ئورنى بەرپا قىلىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتى ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى

قاتارلىق 10 ئورۇن بىرلىكتە ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر «ياشلار - ئۆسمۈرلەر ھوقۇقىنى قوغداش ئورنى» بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

10 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ش ئۇ ئا ر خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، ج خ نازارىتى، ئەدلىيە نازارىتى، ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى بىرلىكتە ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى شىمكو شۆبە ئىدارىسى شىمكو ساقچىخانىسى قاتارلىق 11 ئورۇنغا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تۇنجى تۈركۈمدىكى مۇنەۋۋەر ياشلار - ئۆسمۈرلەر ھوقۇقىنى قوغداش ئورنى دەپ نام بېرىپ تەقدىرلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىر قىسىم ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر «ياش - ئۆسمۈر ھوقۇقىنى قوغداش ئورنى»نى مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر ياشلار - ئۆسمۈرلەر ھوقۇقىنى قوغداش نامزات ئورۇن سۈپىتىدە ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتىغا يوللىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى شىمكو رايونلۇق شۆبە ئىدارىسىنىڭ شىمكو ساقچىخانىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئۆسمۈر جىنايەتچىلەرنى باشقۇرۇش ئورنى، ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى شىمكو رايونلۇق شۆبە ئىدارىسىنىڭ چوڭ كۆۋرۈك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش پونكىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ئىدارىسىنىڭ ئەمگەك نازارەت چوڭ ئەترىتىلىرىگە مەركىزىي ئىتتىپاق كومىتېتى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر «ياشلار - ئۆسمۈر ھوقۇقىنى قوغداش ئورنى» دەپ نام بەردى.

جىڭ يەن

## نامرات رايونلاردىكى ياشلار پاختا تېرىپ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا تەشكىللەندى

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى ۋە ش ئۇ ئا ر پارتكومىدىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل، ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خوتەن ۋىلايىتىدىكى ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ياشلارنى بىكتۈەن يېزا ئىگىلىك 1 - شىدىكى پاختىچىلىق رايونىغا بېرىپ پاختا تېرىپ كىرىمىنى ئاشۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا ئۇيۇشتۇردى. ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى، خوتەن ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى، يېزا ئىگىلىك 1 - شىسى ئىتتىپاق كومىتېتى 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 11 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە خوتەن ۋىلايىتىدىكى 500 گە يېقىن يېزا ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ياشلىرىنى يېزا ئىگىلىك 1 - شىسى 11 - تۇەن - مەيدانىغا بېرىپ پاختا تېرىپ كىرىمىنى ئاشۇرۇش پائالىيىتىگە ئۇيۇشتۇردى. ئۇلار 1 مىليون 450 مىڭ كىلوگرام پاختا تېرىپ، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ساپ كىرىمىنى 937 يۈەنگە يەتكۈزدى. نامرات رايونلاردىكى ياشلارنى بىكتۈەننىڭ پاختىچىلىق رايونلىرىغا بېرىپ پاختا تېرىپ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا ئۇيۇشتۇرۇش — ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، نامرات رايونلاردىكى ياشلارنىڭ نامراتلىقتىن بالدۇرراق قۇتۇلۇپ، بېيىپ، ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشىۋېلىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئېچىپ بەرگەن بىر يېڭى يول بولۇپ، بۇ پائالىيەت ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈشى ۋە نامرات رايونلاردىكى ياشلارنىڭ پائال ئاۋاز قوشۇشىغا ئېرىشتى.

جاڭ يىڭ

## يېزا - كەنت ياشلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا جەھەتتىكى كەڭ كۆلەملىك يىغىلىشى ۋە يېزا - كەنت ياشلىرىنىڭ مەدەنىيەت بايرىمى پائالىيىتى

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا - كەنتلەردە «100 يېزا ياشلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا جەھەتتىكى كەڭ كۆلەملىك يىغىلىشى ۋە 100 يېزا ياشلىرىنىڭ مەدەنىيەت بايرىمى پائالىيىتى»نى ئۇقتۇرۇش قانات يايدۇردى. 11 - ئاينىڭ 27 - كۈنى «4 - ماي» قىزىل بايراقدار ئىتتىپاق كومىتېتى بولغان 119 يېزا - بازاردا 1 - قېتىملىق پائالىيەت باشلاندى. 12 - ئاينىڭ 25 -، 26 - كۈنلىرى 300 دىن ئارتۇق يېزا - بازاردا 2 - قېتىملىق پائالىيەت باشلاندى، بۇ پائالىيەتكە جەمئىي 1 مىليون ياش قاتناشتى. تولۇقسىز مەلۇماتقا قارىغاندا، بۇ 2 قېتىملىق پائالىيەتتە ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى مۇتەخەسسىلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، ئەمەلىيەتتە ئەسقاتىدىغان تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش كۇرسىدىن 300 قارار ئېچىپ، 50 مىڭدىن ئارتۇق دېھقان، چارۋىچى ياشنى تەربىيىلىگەن، 800 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق تۈرلۈك پەننى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر تەشۋىقات ماتېرىيالى تارقاتقان ھەمدە مەدەنىيەت، سەنئەت، تەنتەربىيە مۇسابىقىسى پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرغان. ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى 500 مىڭ يۈەن جۇغلاپ، 10 نامرات ناھىيىنىڭ ئىتتىپاق كومىتېتىغا «پەن - تېخنىكا تەشۋىقات ماشىنىسى» سەپلەپ بەردى، بىر نامرات ناھىيىنىڭ ئىتتىپاق كومىتېتىغا 22 يۈرۈش ئۈستەل - ئورۇندۇق ھەل قىلىپ بەردى ھەمدە ھەر قايسى

ئالىي مەكتەپلەر ۋە قىسمەن كارخانا، كەسىپىي ئورۇنلارنى ماسلاشتۇرۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىغا 80 مىڭدىن ئارتۇق پەن - تېخنىكا كىتابى ئىئانە قىلدى.

جاڭ يىلى

## پەن - تېخنىكا تورلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى ھەر مىللەت ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ياشلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا تورلىرىنى كېڭەيتىشنى يولغا قويۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلدى.

3 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى شىخو شەھىرىدە شىمالىي شىنجاڭ (شەرقىي شىنجاڭ) بۆلىكى بويىچە كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ پەن - تېخنىكا تورلىرىنى كېڭەيتىشنى يولغا قويۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش يىغىنى ئاچتى. يىغىندا ئىلغار بېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا تورلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

تولۇقسىز مەلۇماتقا قارىغاندا 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىنىڭ 2500 گېكتار خىراجەت ئېتىزى بار بولغان، ئۇنىڭدىن 7 مىليون 454 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىنغان، پەن - تېخنىكىنى كېڭەيتىش تورىدىن 1603ى يولغا قويۇلغان، 49 مىليون 352 مىڭ 400 يۈەن مەھسۇلات قىممىتى يارىتىلغان.

كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە مۇلازىمەت قىلىش تورلىرى 70 تىن ئارتۇق ناھىيە (شەھەر) نى قاپلاپ، بۇ ناھىيە (شەھەر) لەردە ئاشلىق، كېۋەز، باقمىچىلىق مىكرو رايوندىن 2010ى قۇرۇلغان، ياش پەن - تېخنىكا ئۇچقۇن باشلامچىلىرىدىن 26 مىڭ 700 ى يېتىشتۈرۈلگەن. ياش بېيىش ماھىرى 40 مىڭدىن ئاشقان. 1999 - يىل 6 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى ئۇچقۇن باشلامچىلىرىنىڭ 10 يىللىق مۇۋەپپەقىيەتى مۇكاپاتى بويىچە ئىلغار ئورۇندىن 22نى، ئىلغار شەخستىن 41نى، ياش ئۇچقۇن باشلامچىدىن 74نى تەقدىرلىدى.

ئارزىگۈل

## 2 - نۆۋەتلىك «شىنجاڭ بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن ياش دېھقان - چارۋىچى» لارنى باھالاش ئەھۋالى

1999 - يىل 8 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى قاتارلىق 9 ئورۇن بىرلىشىپ 2 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن ياش دېھقان، چارۋىچىنى باھالاش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇپ، 10 نەپەر شىنجاڭ بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن ياش دېھقان، چارۋىچىنى باھالاپ چىقتى ۋە 10 نەپەر شىنجاڭ بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن ياش دېھقان، چارۋىچىغا ئىسمىنى ئاتاش مۇكاپاتى بەردى.

ئارزىگۈل

### قوشۇمچە

2 - نۆۋەتلىك «شىنجاڭ بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن ياش دېھقان، چارۋىچى»لار ئىسىملىكى

يۇنۇس ناسىر، يۈلا (موڭغۇل)، فەن جۈيىڭ (ئايال)، مەدەنىيەت (قازاق)، جو روڭچياڭ، قادىر خوجا، سۈن يىڭ، سۈن شياۋگۈي، كېرەم ئاسىپ، جاۋ خۇڭ.

## سىرتتىن كەلگەن كۆزگە كۆرۈنگەن (مۇنەۋۋەر) ياش ئىشلەمچىلەر باھالاندى

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتى قاتارلىق 8 ئورۇن بىرلىشىپ 2 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ بويىچە سىرتتىن كەلگەن كۆزگە كۆرۈنگەن (مۇنەۋۋەر) ياش ئىشلەمچى، مەھەللىلەردىكى سىرتتىن كەلگەن ياش ئىشلەمچىلەرنى تەربىيىلەش خىزمىتى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپلارنى باھالاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، شىنجاڭ بويىچە سىرتتىن كەلگەن كۆزگە كۆرۈنگەن ياش ئىشلەمچىدىن 10 نى، شىنجاڭ بويىچە سىرتتىن كەلگەن مۇنەۋۋەر ياش ئىشلەمچىدىن 10نى، مەھەللىلەردىكى سىرتتىن كەلگەن ياش ئىشلەمچىلەرنى تەربىيىلەش خىزمىتى بويىچە 4 ئىلغار كوللېكتىپنى باھالاپ چىقتى. باھالاشقا قاتناشقان شەخس ۋە ئورۇنلاردىن 3 كىشى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان باھالاشتا 2 - نۆۋەتلىك جۇڭگو سىرتتىن كەلگەن مۇنەۋۋەر ياش ئىشلەمچى مۇكاپاتىغا، بىر كىشى مەملىكەت بويىچە سىرتتىن كەلگەن ياش ئىشلەمچىلەرنىڭ ياخشى ئۇستازى ۋە ياخشى دوستى مۇكاپاتىغا، 2 ئورۇن مەملىكەتلىك مەھەللىلەردىكى ,1000 مەكتەپتە مىليون، سىرتتىن كەلگەن ياش ئىشلەمچىلەرنى تەربىيىلەش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ دېگەن نامغا ئېرىشتى.

جېڭ يۈرۈڭ

## 2 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ ياشلار «4 - ماي» مېدالى تارقىتىش ئەھۋالى

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى ش ئۇ ئا ر ياشلار بىرلەشمىسى 2 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ ياشلار «4 - ماي» مېدالى باھالاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. يەن ليېمەن، زېڭ فەنجې، ئابدۇمىجىت ھەسەن، جاڭ شىن، ۋاڭ يەنخۇڭ (ئايال)، ئەخمەت نىياز، ۋاڭ جيەنجۈن، جانارگۈل ئاسان (قازاق)، نيۇ جيەنشىن، ما جوبىڭ (خۇيزۇ) قاتارلىق

10 كىشى شەرەپ بىلەن 2 ـ نۆۋەتلىك شىنجاڭ «4 ـ ماي» مېدالىغا ئېرىشتى.

لو فۇيۇڭ

## ئىككى قېتىم ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى تەرىپىدىن «4 ـ ماي» ئاخبارات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى

1999 ـ يىلى شىنجاڭ قاراماي شەھىرى نېفىت ئىدارىسى ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن، شىنجاڭ نېفىت گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان يېزىق تورىدىكى ئەسەر «ھالاكەت دېڭىزىنى بويسۇندۇرۇش» دېگەن ماقالە 4 ـ نۆۋەتلىك «4 ـ ماي» ئاخبارات مۇكاپاتىنىڭ يېزىق تورى بويىچە 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. شىخەنزە شەھىرى كۆرسەتكەن شىخەنزە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئاڭلىتىش تورىدىكى ئەسىرى «قوماندانلىق پەشتىقىدىن ياشلىق باھارىغا نەزەر» دېگەن ئەسەر 4 ـ نۆۋەتلىك «4 ـ ماي» ئاخبارات ئاڭلىتىش تورى بويىچە 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

چاڭ چيەن

## ۋاڭ كۈن مەملىكەت بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن ياش دېھقان بولۇپ باھالاندى

1999 ـ يىل 12 ـ ئايدا بىگتۇەن يېزا ئىگىلىك 5 ـ شىسى 81 ـ تۇەن ـ مەيدانىنىڭ ياش ئىشچى ـ خىزمەتچىسى ۋاڭ كۈنغا كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى، دېھقانچىلىق مىنىستىرلىكى، سۇچىلىق مىنىستىرلىكى، مالىيە مىنىستىرلىكى، ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكى ۋە مەملىكەتلىك ياشلار بىرلەشمىسى تەرىپىدىن 4 ـ نۆۋەتلىك «مەملىكەت بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن ياش دېھقان» دېگەن نام بېرىلدى.

جاڭ پىڭ

## ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن چوڭ تىپلىق سىمفونىيە، شېئىر، مۇزىكا كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلدى

بۇ كېچىلىك 1999 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئۈرۈمچى «خەلق» تىياتىرخانىسىدا ئۆتكۈزۈلدى. ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قاتارلىق 5 ئورۇن بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن بۇ كېچىلىكتە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيانقى ئاپتونوم رايوندا قولغا كەلتۈرۈلگەن سىياسىي، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىكى غايەت زور نەتىجىلەرنى كۈيلەش ئاساسىي تېما قىلىندى. ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىش پەيتىدە، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر تولۇپ ـ تاشقان قىزغىنلىق، ئاكتىپ پوزىتسىيە ۋە جۇشقۇن روھىي كەيپىيات بىلەن، ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈۋېلىشقا پىتەكلەندى. شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ «مۇزىكا سۆيەر» ئوركېستىرى قاتارلىق 4 ئورۇن ئويۇن قويۇشقا قاتناشتى.

چاڭ چيەن

# ئاياللار بىرلەشمىسى

## ئاياللار خىزمىتى ئومۇمىي ئەھۋالى

**تەشكىلىي قۇرۇلۇشى** 1999 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايوندا كەنت، ئاھالىلەر كومىتېتى ئاياللار قۇرۇلتىيىدىن 11 مىڭ 250 ى، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە قاتارلىق كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئاياللار كومىتېتىدىن 3271ى، ئايال ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ھەيئىتىدىن 1575ى، كەسپىي ساھەلەردىكى ئاياللار جەمئىيىتى، بىرلەشمە دوستلۇق جەمئىيىتى، تەتقىقات جەمئىيىتىدىن 836سى بارلىققا كەلدى.

**ئىدىيىۋى ـ سىياسىي تەربىيە خىزمىتى** 1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت ئاياللىرى ئارىسىدا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەن، ئاساسىي پروگراممىسىدا چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت تەشۋىق تەربىيە، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزملىق ۋە سوتسىيالىستىك تەربىيە، ماركسىزملىق ئاياللار كۆز قارىشىدا چىڭ تۇرۇش، «تۆت ئۆز»، «تۆت بولۇش» روھىنى جارى قىلدۇرۇش ئاساسىي تېما قىلىنغان ئاياللار ساپاسى تەربىيىسى داۋاملىق چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى. «8 ـ مارت» مەزگىلىدە ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر مىللەت، ھەر ساھە ئاياللىرىنىڭ «8 ـ مارت» خەلقئارا ئەمگەكچى ئاياللار بايرىمىنىڭ 89 يىللىقىنى خاتىرىلەش ۋە «بەشتە ياخشى مەدەنىيلىك ئائىلە»نى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىلدى. ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق مەلۇم قىسىمنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى ئارزىگۈل ئايوپنى مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ «ئاياللارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش» دوكلات بېرىش ئۆمىكىگە تاللاپ ئەۋەتتى، بۇ ئۆمەك بېيجىڭدا 15 مەيدان دوكلات بەردى. 5 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى ئاپتونوم رايون بويىچە ۋۇ دېگىيوندىن ئۆگىنىش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى

تۈرۈش مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى بويىچە بىر يۈرۈش پائالىيەتنى قانات يايدۇردى ھەمدە ئاياللار ئارىسىدا ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش، مەدەنىيلىك بولۇش، يېڭى كەيپىيات يارىتىشنى تەشەببۇس قىلىش، ئائىلە مەدەنىيىتى، جەمئىيەت مەدەنىيىتى، بەشتە ياخشى ئائىلە، مەدەنىيلىك ئائىلە بولۇش بويىچە تۈرلۈك يارىتىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ ھەر مىللەت ئاياللىرى توغرا دۇنيا قاراش، كىشىلىك قاراش، قىممەت قارىشى تۇرغۇزۇپ، ئىلىم پەننى ھۆرمەت قىلىش، خۇراپاتلىقنى يوقىتىشقا يېتەكلەندى. 5 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە ئاياللىرىنىڭ ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ جۇڭگونىڭ يۇگوسلاۋىيە ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنى بومباردىمان قىلىشىغا كۈچلۈك ئېتىراز بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئېيىبلەش يىغىنى ئاچتى. 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى ھەر مىللەت ھەر ساھە ئاياللىرىنىڭ «1 - ئىيۇل»نى تەبرىكلەش، ۋۇ دېڭيۇەندىن ئۆگىنىپ تۆھپە قوشۇش بويىچە ئىش ئورنى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ھەر مىللەت، ھەر ساھە ئاياللىرىنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «فالۇن گوڭپىنى قانۇن بويىچە ئەمەلدىن قالدۇرۇش توغرىسىدىكى قارارى»نى قەتئىي ھىمايە قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. 12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ھەر ساھە ئاياللىرىنىڭ ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈۋېلىش مۇناسىۋىتى بىلەن دوكلات بېرىش يىغىنى ئېچىلدى، ئۈرۈمچى رايونىدىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە ئاياللار ۋەكىللىرىدىن 400 كىشى دوكلات بېرىش يىغىنىغا قاتناشتى. 11 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىكى «شىنجاڭ ئاياللىرىنىڭ 50 يىلى» ئىلمىي ماقالە قوبۇل قىلىش، باھالاش پائالىيىتى بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش، تەقدىرلەش يىغىنىدا، 155 پارچە ئىلمىي ماقالە قوبۇل قىلىندى، 60 پارچە ماقالە تاللاندى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 5، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 8، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 15. 1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ «ھەمراھ» ژۇرنىلى مەملىكەت بويىچە ئاياللار گېزىت - ژۇرناللىرىنى باھالاشتا بەت تۈزۈلۈشىنى لايىھىلەش بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ۋە مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر گېزىت ژۇرناللارنىڭ مۇقاۋىسىنى لايىھىلەش بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. «تەڭرىتاغدا ئېچىلغان سەنئەت گۈلى» قاتارلىق 3 پارچە ماقالە مەملىكەتلىك ئاياللار گېزىت - ژۇرناللىرى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ئايال كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈش 1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ئايال كادىر 299 مىڭ 493 كە يېتىپ، ئومۇمىي كادىرنىڭ %45.09نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلكە دەرىجىلىك ئايال كادىر 5 بولۇپ، شۇ دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ %7.9نى، نازارەت، ئىدارە دەرىجىلىك ئايال كادىر 73 بولۇپ، شۇ دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ %3.7نى، ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك ئايال كادىر 1316 بولۇپ، شۇ دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ %11.7نى ئىگىلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 15 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرگە ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىك ئايال كادىر سەپلەندى، %77 ناھىيە (شەھەر) ۋە %80 يېزا - بازار (مەيدان) رەھبەرلىك كوللېكتىپىغا ئايال كادىر سەپلەندى.

ئايال كادىرلارنى تەربىيىلەش 1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى 6 قارار ئايال كادىرلارنى ئىش ئورنىدا تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، ئاساسىي قاتلام ئايال كادىردىن 411نى تەربىيىلىدى. ش ئۇ ئا ر ئايال كادىرلار مەكتىپى قۇتۇبى ناھىيىسى، سانجى شەھىرى، ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ داۋان يېزىسى، شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنستىتۇتى، ش ئۇ ئا ر پارتىيە مەكتىپى قاتارلىق جايلاردا ئاياللار خىزمىتى ساۋاتلىرىغا دائىر لېكسىيە ئۆيۈشتۇردى، بۇنىڭدىن 1365 ئايال تەربىيە ئالدى. 4 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەردىكى ئاياللار بىرلەشمىسى كادىرى ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگانلاردىكى ئاياللار كومىتېتى كادىرلىرىدىن 108 ئايالنى جۇڭخۇا ئاياللار ئىنستىتۇتىنىڭ ئىش ئورنىدا تەربىيىلەش كۇرسىغا قاتناشتۇردى ھەمدە ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى سىستېمىسىدىكى باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلارنى پىلانلىق ھالدا مۇددەت ۋە تۈركۈمگە بۆلۈپ جۇڭخۇا ئاياللار ئىنستىتۇتىنىڭ ئىش ئورنىدا تەربىيىلەش كۇرسىغا ئەۋەتتى. 9 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى ش ئۇ ئا ر پارتىيە مەكتىپىدە بىر قارار ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك ئايال رەھبىرىي كادىرلارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى، كۇرستا 36 ئايال تەربىيىلەندى.

ئىلغارلارنى تەقدىرلەش - كادىرلار سىنىپتىرلىكى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى 1999 - يىلى سانجى ئوبلاستلىق ئاياللار بىرلەشمىسى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 1 - شىسى 5 - تۇەن - مەيدان ئاياللار بىرلەشمىسىگە «مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى سىستېمىسى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ»، قاراماي شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى ئاتىكەم داۋۇت، خېجىڭ ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى ساغان (موڭغۇل) لارغا

«مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى سىستېمىسىدىكى ئىلغار شەخس» دېگەن نام بەردى.

جاڭ يەن

## ئاياللار تۆھپە يارىتىش مۇسابىقە پائالىيىتى

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى شەھەر، بازارلاردىكى ئاياللار ئارىسىدا ئاياللار تۆھپە يارىتىش مۇسابىقە پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. پائالىيەتتە دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى، شەھەر، بازارلاردىكى «ئىككى مەدەنىيلىك» قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە ئىش ئورنىدىن قالغان ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى مۇھىم نۇقتا قىلىندى. ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر - بازاردىكى 535 مىڭ 311 ئايال مۇسابىقىگە قاتناشتى، بۇ، ئاپتونوم رايوندىكى ئاياللار سانىنىڭ %49 نى ئىگىلىدى.

ئىش ئورنىدا مەشىق قىلىش، تېخنىكىدا ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسى 1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى ھەر قايسى ساھەلەردىكى ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى تەشكىللەپ ئاپتونوم رايوندىكى نېفىت - خىمىيە سانائىتى، ماشىنا ئېلېكتر، مۇلازىمەت كەسپى بويىچە ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسىغا ۋە ئېلېكتر كەپشەرلەش ئىشچىلىرىنىڭ كەسپىي ماھارەت كۆرسىتىش بويىچە مەملىكەتلىك تاللاش مۇسابىقىسىگە قاتناشتۇردى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە 7213 قېتىم تۈرلۈك تېخنىكىدا ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرۇلدى، ھەر مىللەتتىن بولغان 187 مىڭ 400 ئايال ماھارەت كۆرسىتىشكە قاتناشتى، 21 مىڭ 300 ئايال تېخنىكا ماھىرى دېگەن نامغا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە تيەن شاۋپىڭ قاتارلىق 4 كىشى «ئاپتونوم رايون بويىچە كەسپىي ماھارەت مۇسابىقىسى ماھىرى» دېگەن نامغا ۋە ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى تەرىپىدىن «ئاياللار تۆھپە يارىتىش بويىچە ئىلغار شەخس» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

«ئاياللارنىڭ مەدەنىي، ئۈلگىلىك ئىش ئورنى بەرپا قىلىش» پائالىيىتى 1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرى تۆمۈريول، پوچتا - تېلېگراف، پۇل - مۇئامىلە، نېفىت، سەھىيە، مائارىپ، سودا قاتارلىق مۇلازىمەت ساھەسىدە ئىش ئورنىنى سۆيۈش، كەسپىنى قەدىرلەش، مەدەنىي بولۇش، يېڭى كەيپىيات يارىتىش، ئىلغارلىقنى تالىشىش، ئەلا بولۇشتىن ئىبارەت ئاياللارنىڭ مەدەنىي ئۈلگىلىك ئىش ئورنى بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى داۋاملىق قانات يايدۇردى، ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرى بۇ پائالىيەتنى ئۆز جايىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش پىلانىغا كىرگۈزۈپ، رەھبەرلىك ئاپپاراتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىش ئورنى مەسئۇلىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇردى، بۇنىڭ بىلەن، بۇ پائالىيەتتە نىشانلىق قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش ئەندىزىسى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندۈرۈلدى. ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى يەنە ئىلى ئوبلاستى، بايىنغولىن ئوبلاستى، ئۈرۈمچى شەھىرى، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدىكى ئاياللارنىڭ مەدەنىي، ئۈلگىلىك ئىش ئورنى بەرپا قىلىش پائالىيىتىدە بارلىققا كەلگەن ئىلغار ئىش - پائالىيىتى ۋە تەجرىبىلىرىنى پائال تەشۋىق قىلىپ، مەيدانغا كەلگەن ئىلغار تىپلارنى مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ تەقدىرلىشىگە يوللىدى.

ئىش ئورنىدا تەربىيىلەش 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 8300 قارار تۈرلۈك كۇرس ئېچىلىپ، 191 مىڭ ئايال ئىشچى تەربىيىلەندى، 4 - ئايدا ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ ئىش ئورنىدىن قالغان ئايال ئىشچىلارنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە تەربىيىلەش خىزمىتى تەكشۈرۈلدى، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە تەربىيىلەش تەدبىرلىرىنى ياخشىلاش مۇھاكىمە قىلىندى. جايلار ئاياللارنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش مەركىزى، كەسپكە تونۇشتۇرۇش ئاپپاراتى، ئاياللارنى تەربىيىلەش مەكتىپى قاتارلىق بازىلاردىن پايدىلىنىپ، ئۆزى باشقۇرۇش، بىرلىشىپ باشقۇرۇش، نىشانلىق باشقۇرۇش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، كۆپ خىللىق، كۆپ قاتلاملىق قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە كەسپىي ماھارەت يېتىشتۈرۈشنى قانات يايدۇردى، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىش ئورنىدىن قالغان ئايال ئىشچىلارنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە 483 قارار تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، كۇرستا 23 مىڭ 100 ئايال تەربىيىلەندى. يىللىق تەربىيىلەش نىسبىتى %67 كە يەتتى، جايلاردىكى ئاياللار بىرلەشمىلىرى ئىش ئورنىدىن قالغان ئايال ئىشچىلارنىڭ كەسىپ تاللاش كۆز قارىشى بويىچە تەربىيىلەشنى قاراتمىلىقى بولغان ھالدا يولغا قويدى. «ئەمگەكچىلەر ئۆز ئالدىغا كەسىپ تاللاش، ئىشقا ئورۇنلىشىشنى بازار ئارقىلىق تەڭشەش، ھۆكۈمەت ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش» فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇردى ۋە يولغا قويدى. جايلاردىكى ئاياللار بىرلەشمىسى تەشكىلاتلىرى ئىش ئورنىدىن قالغان ئايال ئىشچىلارنى مەھەللە، ئۆي ئىشلىرى مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا قوزغىدى، 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 45 قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بازىرى قۇرۇلۇپ، ئىش ئورنىدىن قالغان 6000 دىن كۆپرەك ئايال ئىشچى يايما ئورنى بىلەن ھەقسىز تەمىنلەندى. «ئاياللارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش پائالىيىتىدە، لىۋ خەنۋېي (كۈيتۇڭ شەھىرىدىن)، جاڭ

خەنۇيېن (ئۈرۈمچىدىن)، جاڭ جۈەن (ئالتاي ۋىلايىتىدىن)، نيۇ جيەنخۇا (قۇمۇل ۋىلايىتىدىن)، جاۋ چۈنپېي (بورتالا ئوبلاستىدىن) قاتارلىق ئاياللارنىڭ يېڭىلىق يارىتىشى بويىچە بىر تۈركۈم ئىلغار ۋەكىللەر مەيدانغا كەلدى.

جىڭ يەن

## ئۆچنى ئۆگىنىش، ئۆچتە بەسلىشىش مۇسابىقە پائالىيىتى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا 1 مىليون 4325 ئايال سىياسىي ئۆگىنىش، مەدەنىيەت ئۆگىنىش، تېخنىكا ئۆگىنىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، نەتىجە قازىنىش، تۆھپە يارىتىشتا بەسلىشىش مۇسابىقە پائالىيىتىگە قاتناشتى. پائالىيەتكە قاتناشقانلار دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئايال ئەمگەك كۈچىنىڭ %83نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان ئايال 613 مىڭ 603.

5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ش ئۇ ئا ر «ئۆچنى ئۆگىنىش، ئۆچتە بەسلىشىش» پائالىيىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا بۇ پائالىيەت قانات يايدۇرۇلغان 10 يىلدىن بۇيانقى نەتىجىلەر مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى، بۇندىن كېيىنكى خىزمەت ۋەزىپىلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 8 - ئاينىڭ 26 — 27 - كۈنلىرى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى ماناس ناھىيىسى بىلەن مىچۈەن شەھىرىدە ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاياللارنىڭ ئۆچنى ئۆگىنىش، ئۆچتە بەسلىشىش بويىچە نەق مەيدان يىغىنى ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرىنىڭ رەئىسلىرى يىغىنىنى ئاچتى. 90 دىن ئارتۇق ۋەكىل يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا ئۆچنى ئۆگىنىش، ئۆچتە بەسلىشىش مۇسابىقە پائالىيىتىدە مەيدانغا كەلگەن ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر تەقدىرلەندى، يېڭى دەۋردىكى مۇسابىقە پائالىيىتىنىڭ ۋەزىپىلىرى مۇھاكىمە قىلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ۋەكىللەر ماناس ناھىيىسى ۋە مىچۈەن شەھىرىدىكى يېزا ئاياللىرىنىڭ باقمىچىلىق بازىسى ۋە 14 ئالاھىدە خىلدىكى باقمىچىلىق كەسپىي ئائىلىسى بويىچە ئىلغار ئۈلگىلىك نۇقتىلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. 1999 - يىلى ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرى ئۆز يېرىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئىش كۆرۈش بويىچە «8 - مارت» كۆمۈش گۈل مۇسابىقىسى، مېۋىلىك دەرەخ ئۆستۈرۈش مۇسابىقىسى، تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق مۇسابىقىسى، مول ھوسۇل ئېلىش بازىسى مۇسابىقىسى قاتارلىق تۈرلۈك، ئۆزگىچە مۇسابىقە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي 1853 قارار تۈرلۈك دېھقانچىلىق بىلىملىرى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، كۆرستا دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى 228 مىڭ 300 ئايال تەربىيىلەندى. 587 قارار ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش كۇرسى ئېچىلىپ، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى 87 مىڭ 100 ئايالنىڭ ساۋاتى چىقىرىلدى. 173 مىڭ ئايال بىردىن ئىككىگىچە ئەمەلىي ئىشلىتىلىدىغان تېخنىكا ئىگىلىدى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 1مىليون 931 مىڭ 617 ھەر مىللەت ئايال «8 - مارت» كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى بەرپا قىلىش پائالىيىتىگە قاتنىشىپ، 54 مىليون 689 مىڭ 578 تۈپ كۆچەت تىكدى، 546.71 گېكتار «8 - مارت» ئورمان بەلۋىغى، 491.44 گېكتار «8 - مارت» مېۋىلىك باغ، 1647.19 گېكتار «8. مارت» كۆچەتخانىسى، 7302.64 گېكتار «8 - مارت» كۆكەرتىش بازىسى بەرپا قىلدى.

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ياردەم تۈر مەبلىغىدىن 1 مىليون 381 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدىكى 1 مىليون 270 مىڭ يۈەن ئايلانما مەبلەغ گۇما، بۇرۇلتوقاي، پەيزاۋات ناھىيىلىرىدە ئايلاندۇرۇلدى) نى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇنى ئايال نامراتلارنى يۆلەش پائالىيىتىگە ئىشلەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايون بويىچە 22 نامرات ناھىيە بىۋاسىتە نەپكە ئېرىشتى. 3200 نامرات ئايال كالا، قوي بورداقچىلىقى، بازار تىجارىتى، كۆركى توخۇ بېقىش، لاپاستا كۆكتات ئۆستۈرۈش قاتارلىق ئىشلىتىلىدىغان تېخنىكىلارنى ئىگىلىۋالدى. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 1486 نامراتلارنى يۆلەش ئالاقىلىشىش نۇقتىسى، 4847 ئايال ماھىرلارنىڭ نامراتلارنى يۆلەش ئالاقىلىشىش ئائىلىسى يېڭىدىن بەرپا قىلىندى. نامراتلارنى يۆلەش بويىچە 19 مىڭ 829 ئايال جۈپ قىلىندى، 197 نامراتلارنى يۆلەش ئەمەلىي گەۋدىسى قۇرۇلۇپ، 33 مىڭ 400 ئايالنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىلدى.

ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى 11 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 7 - كۈنىگىچە مەملىكەت بويىچە يېزا ئاياللىرىنىڭ «ئىككىنى ئۆگىنىش، ئىككىدە بەسلىشىش» پائالىيىتىنىڭ 10 يىللىق نەتىجىلىرى كۆرگەزمىسىگە قاتنىشىش ئىشىنى ئۇيۇشتۇردى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇقادىر نەسىردىن ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى. گوۋۇيۈەننىڭ زۇڭلىسى جۇ رۇڭجى قاتارلىق رەھبەرلەر شىنجاڭ كۆرگەزمە زالىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. نەتىجىلەرنى كۆرگەزمە قىلىش پائالىيىتىدە شىنجاڭ مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتىغا، مۇنەۋۋەر لايىھىلەش، ياساش مۇكاپاتىغا، مۇنەۋۋەر لايىھىلەش مۇكاپاتىغا ۋە ئايال ماھىرلارنىڭ مەشغۇلات قىلىش مۇكاپاتىغا

ئېرىشتى.

1999 - يىلى مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى پىچان ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى ئاسىيە سېيىت، جىڭ ناھىيىسى داخىيەنزى بازارلىق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى نارجا (موڭغۇل)، شىخەنزە شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى جاۋ چۈنشياڭلارغا مەملىكەتلىك «ئىككىنى ئۆگىنىش، ئىككىدە بەسلىشىش» تىكى ئىلغار خىزمەتچى دەپ، سانجى ئوبلاستلىق ئاياللار بىرلەشمىسى، چىگگىل ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتىغا مەملىكەتلىك «ئىككىنى ئۆگىنىش، ئىككىدە بەسلىشىش» تىكى ئىلغار ماسلاشتۇرغۇچى ئورۇن دەپ، خادىچا قازىتبېلى (قازاق، كۆنەس ناھىيىسى ئالسالى يېزىسىدىن)، خې جىڭ (شىخو شەھىرى گەنخېزى بازىرىدىن)، جو خۇاجۇ (ئارىشالڭ ناھىيىسى تاشۇ يېزىسىدىن)، لياڭ سۇيشيا (بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 8 - شىسى 147 - تۇەن - مەيدان 2 - يىگىدىن)، ۋاڭ چىگجېن (ئۈرۈمچى ناھىيىسى شۇيشىگو يېزىسىدىن)، گۈلنسا كېرىم (پىچان ناھىيىسى لەمجىن يېزىسىدىن)، لى يەنلىڭ (قۇمۇل شەھىرى شەھەر ئىچى يېزىسىدىن)، بۇئايشەم توختى (چاقىلىق ناھىيىسى ۋاششەھىرى يېزىسىدىن)، تۇنساخان غېنى (چەرچەن ناھىيىسى قوشاتما يېزىسىدىن)، ئايشەم ماماق (ئاقسۇ شەھىرى توپلۇق يېزىسىدىن)، پەرىدەم بوۋاق (ئاتۇش شەھىرى سۇنتاغ يېزىسىدىن)، زۆھرەخان قادىر (پەيزاۋات ناھىيىسى غولتوغراق يېزىسىدىن)، ھەجەرخان ئابلا (چىرا ناھىيىسى چاقا يېزىسىدىن)، ياڭ جىنفېڭ (بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 9- شى 168 - تۇەن - مەيدانىدىن) لارغا مەملىكەت بويىچە «ئىككىنى ئۆگىنىش، ئىككىدە بەسلىشىش» تىكى ئىلغار ئايال ماھىر دەپ نام بەردى، سەي شىلەن (قۇمۇل شەھىرى پالۋانتۇر يېزىسىدىن)، يىڭ يۈلىيەن (چاقىلىق ناھىيىسى ئۆتام يېزىسىدىن)، سادەتخان قارى (چەرچەن ناھىيىسى يېڭىئۆستەڭ يېزىسىدىن) لارغا مەملىكەتلىك «8 - مارت» كۆكەرتىش مېدالى بەردى، كۆنەس ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىغا مەملىكەتلىك «8 - مارت» سۈپەتلىك قۇرۇلۇش ئورنى، يەكەن ناھىيىلىك ئۆدانلىق يېزىسى ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئورمان بازىسىغا مەملىكەتلىك «8 -مارت» كۆكەرتىش بويىچە سۈپەتلىك قۇرۇلۇش ئورنى دەپ نام بەردى.

1999 - يىل 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئۆچنى ئۆگىنىش، ئۆچتە بەسلىشىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى خەيرىنسا رازاق قاتارلىق 100 ئايالغا ئاپتونوم رايونلۇق «8 - مارت» كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى پائالىيىتى بويىچە ئىلغار ئايال ماھىر دەپ نام بەردى، سانجى ئوبلاستلىق مۇسابىقە پائالىيىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم يېزا خىزمىتى ئىشخانىسى قاتارلىق 20 رەھبەرلىك گۇرۇپپا (ئورۇن) غا ئاپتونوم رايونلۇق ئۆچنى ئۆگىنىش، ئۆچتە بەسلىشىش پائالىيىتى بويىچە ئىلغار رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى دەپ نام بەردى. ئايشەمگۈل ئەخمەت قاتارلىق 30 ئايالغا «8 -مارت» كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى پائالىيىتى بويىچە ئايال ماھىر دەپ نام بەردى. بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى 29 - تۇەن - مەيدان ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەر كومىتېتى قاتارلىق 16 رەھبەرلىك گۇرۇپپا (ئورۇن) غا ئاپتونوم رايونلۇق «8- مارت» كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى پائالىيىتى بويىچە ئىلغار ئورۇن دەپ شەرەپلىك نام بەردى. ئاپتونوم رايون بويىچە 734 ئايال ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلار تەرىپىدىن «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغار شەخس» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

جاڭ يەن

### ئاياللار - بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش خىزمىتى

1. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاياللار - بالىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى» (تۆۋەندە قىسقارتىپ «ئاياللار قانۇنى» دېيىلىدۇ) ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاياللارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «يولغا قويۇش چارىسى» دېيىلىدۇ) داۋاملىق تەشۋىق قىلىندى ۋە ئىزچىللاشتۇرۇلدى. 6 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى ئاياللار بىرلەشمىلىرى رەئىسلىرىنىڭ ھال - ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەنلەرنى كۈتۈۋېلىش كۈنى تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، كەلگەن خەت - چەكتە ۋە ھال - ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەنلەر ئوتتۇرىغا قويغان چىگىش مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلدى. ئاياللار - بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىگە دەخلى - تەرۇز يەتكۈزگەن تىپىك دېلولارنى قانۇنىي ياردەم بىلەن تەمىنلىدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىسى ئاياللار ئادۋوكاتلىق ئورنى، ئائىلىلەردىكى ماجىرالاردىن كېلىپ چىققان زەخىملىنىشنى تەكشۈرۈپ، بېكىتىش مەركىزى ۋە ئاياللارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش قىزىق لىنىيىسى قۇرۇپ، ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداشقا بىۋاستە مۇلازىمەت قىلدۇردى.

2. ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى ئاساسىي قاتلام ئاياللار بىرلەشمىلىرى، ئاياللار كومىتېتلىرىنىڭ 3 - بەش يىللىق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈشىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، ئاساسىي قاتلاملارغا بېرىپ «ئاياللار قانۇنى»، «يولغا قويۇش چارىسى» ۋە يېڭى دەۋردىكى ئاياللارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى

قوغداش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش قاتارلىق بىلىملەردىن لېكسىيە سۆزلىدى. 1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك، تۇرپان ۋىلايەتلىك، ئۈرۈمچى ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرى بىلەن بىرلىشىپ 3 قارار ئاياللار قانۇن تايانچىلىرىنى يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئېچىپ، 300 دىن ئارتۇق ئاساسىي قاتلامدىكى ئاياللار قانۇن تايانچىلىرىنى تەربىيىلىدى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ «3 - بەش يىللىق» قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش پىلانىدىكى تەربىيىلەش ۋەزىپىلىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندىدى.

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى «ئاياللار قانۇنى»، «يولغا قويۇش چارىسى» نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى ۋە ئائىلىدىكى زوراۋانلىق، 3- شەخسنىڭ ئارىلىشىۋېلىشى، قانۇنسىز بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈش، نىكاھتىن ئاجراشقان ئاياللارنىڭ مال - مۈلۈك جەھەتتىكى ھوقۇق - مەنپەئەتى ۋە پەرزەنتلەرنى بېقىش خىراجىتى قاتارلىق مەسىلىلەرنى مەخسۇس تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭدىن تەكشۈرۈش دوكلاتى يېزىپ، ئالاقىدار تارماقلارغا ئەھۋالنى ئىنكاس قىلدى. ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىسى، ئۈرۈمچى ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ 2 - قېتىملىق يەرلەرنى ھۆددىگە بېرىش جەريانىدىكى ئەر - ئايال باراۋەرلىكىنىڭ ئىزچىل ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، يەرلەرنى ھۆددىگە بېرىشتا ساقلىنىۋاتقان ئەر - ئايال باراۋەرسىزلىك مەسىلىلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلدى. ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى يەنە ش ئۇ ئا ر قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىغا ماسلىشىپ، ئاياللارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداشقا دائىر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. يۇقىرىغا مەلۇم قىلىش تېزىسى يازدى، ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى تۈزۈپ چىققان ئاياللارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداشقا دائىر تەكشۈرۈش تېزىسىغا ئاساسەن، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرگەن ھالدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. ئاپتونوم رايوندىكى 15 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى ئاياللار بىرلەشمىلىرى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش پىكىرلىرىنى ئالاقىدار تارماقلارغا مەلۇم قىلىپ ئاياللار - بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى پايدىلىنىش ئاساسى بىلەن تەمىنلىدى.

3. ئەرزىيەت خىزمىتى. 1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى ھال - ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەن 894 ئادەم (قېتىم) نى قوبۇل قىلدى. جەمئىي 78 پارچە خەت - چەكنى بىر تەرەپ قىلدى. 106 قېتىم تېلېفون ئارقىلىق قانۇندىن مەسلىھەت بەردى. ھەممە چوڭ چىگىش دېلولارنى مەخسۇس تەكشۈردى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرى ھال - ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەن 13 مىڭ 39 ئادەم (قېتىم) نى كۈتۈۋالدى، 4825 پارچە خەت - چەكنى بىر تەرەپ قىلدى، دېلونىڭ ئاياغلىشىش نىسبىتى %90تىن ئاشتى.

جىلىڭ يەن

## بالىلار، ئۆسمۈرلەر خىزمىتى

1. «90 - يىللاردىكى جۇڭگو بالىلار تەرەققىيات پروگراممىسى» ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ ۋە يولغا قويۇلۇپ، «بالىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەت ئەھدىنامىسى» تەشۋىقاتى كۈچەيتىلدى. ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى 4 - ئايدا «1999 - يىللىق 1 - ئىيۇن خەلقئارا بالىلار بايرىمىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر» نى تارقاتتى. 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى ئارىپ ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى ۋە ھەر قايسى ماسلاشتۇرغۇچى ئورۇنلاردىكى خادىملارنى باشلاپ، ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن يولى بالىلار باغچىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىسى بالىلار باغچىسى، شىنجاڭ مېيىپ بالىلار مەكتىپى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك بالىلار پاراۋانلىق ئورۇنلىرىغا بېرىپ بالىلار ۋە مېيىپ بالىلاردىن ھال سورىدى ھەمدە ئۇلارغا بايراملىق سوۋغا بەردى. 5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى ئۈرۈمچى ناھىيىسى دۆۋىيۇ يېزىسىنىڭ شەردۆڭ كەنتىدىكى 2 نامرات ئائىلىنىڭ ئائىلىسىگە كىلىپ ئۇلاردىن ھال سورىدى، بۇ 2 نامرات ئائىلىدىكى 3 ئۆسمۈر قىزغا كىيىم - كېچەك ۋە ئوقۇش بۇيۇملىرى تەقدىم قىلدى. «1 - ئىيۇن» خەلقئارا بالىلار بايرىمى مەزگىلىدە ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى ۋە شىنجاڭ بالىلار تەرەققىيات مەركىزى بىرلىشىپ ئائىلىدە سۆيۈملۈك تۇغۇش، سۆيۈملۈك بېقىش، سۆيۈملۈك تەربىيىلەش ۋە بالىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەت ئەھدىنامىسى تەشۋىقاتى بويىچە مەسلىھەت بېرىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، 5900 پارچە تەشۋىقات ماتېرىيالى تارقاتتى. 1000 دىن كۆپرەك ئاتا - ئانىنىڭ بالىلار پسىخىكىسى، فىزىئولوگىيىسى، تەربىيىسىگە ئائىت سورىغان قىيىن سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى. 40 تىن كۆپرەك بالىنىڭ سالامەتلىكىنى ھەقسىز تەكشۈرتتى. ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى يەنە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاتا - ئانىلارغا ۋە ش ئۇ ئا ر مائارىپ كومىتېتىغا ئۇيغۇرچە، قازاقچە،

موڭغۇلچە 3 خىل تىلدىكى بالىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتى ئەھدىنامىسى، بالىلار تەرەققىيات پروگراممىسىغا ئائىت ئەدەبىيات - سەنئەت، ئۈن ئالغۇ لېنتىلىرى ۋە پەن - تېخنىكا بىلىملىرى كىتابلىرى، ئاسما خەرىتە قاتارلىق 11 تۈردىكى 10مىڭ 265 پارچە تەشۋىقات بۇيۇمىنى تەقدىم قىلدى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە 3 خىل تىلدا «1 - ئىيۇن» بالىلار بايرىمىنى تەبرىكلەش، ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى قارشى ئېلىش مەقسىدە بالىلار ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزدى.

2. ئائىلە تەربىيىسى خىزمىتىنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش قەدىمى ئىلگىرى سۈرۈلدى. 10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئائىلە تەربىيىسى تەتقىقات جەمئىيىتى 4 - نۆۋەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنى ئۆتكۈزۈپ، «ش ئۇ ئا ر ئائىلە تەربىيىسى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى»غا مۇزاكىرە قىلىپ تۈزىتىش كىرگۈزدى. 2000 - يىللىق خىزمەت پىلانىنى مۇھاكىمە قىلىپ بېكىتتى. بىر قىسىم مۇتەخەسسىس، ئالىم ۋە بالىلار خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار يازغان ئىلمىي ماقالىلەرنى ئالماشتۇردى. ئىلى ۋىلايەتلىك، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق، شىخەنزە شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرى ئائىلە تەربىيىسى تايانچىلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ۋە ئائىلە تەربىيىسى بىلىملىرى بويىچە لېكسىيە سۆزلەش پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇردى. 11 - ئايدا قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ «ئۈچتە سۈپەتلىك بولۇش» بىلىملىرىنى ئاھالىلەرگە كىرگۈزۈش پائالىيىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ «تۆت بىر بولۇش» ئائىلە تەربىيىسى پائالىيىتى «مەملىكەتلىك ئائىلە تەربىيىسىدىكى 100 تۈر بويىچە ئەڭ ياخشى يېتەكلەش پائالىيىتى» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

3. «غۇنچىلار» پىلانى داۋاملىق ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، نامرات قىز ئۆسمۈرلەرگە ياردەم بېرىش قانات يايدۇرۇلدى. 6 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى بالىلار بۆلۈمى ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ داۋانچىڭ بازىرى، مورى ناھىيىسى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، «غۇنچە قىز ئۆسمۈرلەر» تۈرى خىزمىتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. تۈرنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ۋە قىز ئۆسمۈرلەر سىنىپىدا ئەسقاتىدىغان تېخنىكا بىلىملىرى بويىچە تەربىيىلەشنى قانات يايدۇرۇشقا دائىر تېپىك ماتېرىياللارنى، ياردەمگە ئېرىشكەن قىز ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىسىملىكىنى مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ بالىلار فوند جەمئىيىتىگە ۋاقتىدا مەلۇم قىلدى. «غۇنچە قىزلار سىنىپى»غا ئاجرىتىلغان 175 مىڭ يۈەن ياردەم پۇلنى جايلارغا ئۆز ۋاقتىدا تارقاتتى. ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرى ئوقۇشتىن قالغان، ئوقۇشتىن چېكىنگەن قىز ئۆسمۈرلەرگە غەمخورلۇق قىلىش پائالىيىتىنى داۋاملىق قانات يايدۇردى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىسى نامرات ئائىلىدىكى 40 نەپەر قىز ئۆسمۈرنىڭ 9 يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى بويىچە تەربىيىلىنىشىگە ماددىي جەھەتتىن ياردەم بەردى. نامرات قىز ئۆسمۈرلەرگە 40 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى. فۇكاڭ شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىسى ئىجتىمائىي كۈچلەر بىلەن بىرلىشىپ، فۇكاڭنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى نامرات ئائىلىلەردە ئوقۇشسىز قالغان، ئوقۇشتىن چېكىنگەن 26 قىز ئۆسمۈرنىڭ مەكتەپ قوينىغا قايتىپ كېلىشىگە ياردەم بەردى.

جاڭ يەن

## ھەمكارلىق تۈرلىرى خىزمىتى

1. 1999 - يىلى شىنجاڭ بالىلار تەرەققىيات مەركىزى مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى، جۇڭگو بالىلار تەرەققىيات مەركىزى ئارقىلىق ب د ت بالىلار فوندى جەمئىيىتى، ئەنگلىيە بالىلارغا ياردەم بېرىش جەمئىيىتىنىڭ ھەمكارلىشىپ تەربىيىلەش، تەشۋىق قىلىش، مەبلەغ ئايلاندۇرۇش تۈرلىرىنى ئىجرا قىلدى. (1) تەربىيىلەش تۈرلىرى: 1999 - يىلى 320 مىڭ يۈەن پۇلنى قولغا كەلتۈردى. 7 - ئايدىن 9 - ئايغىچە قاغىلىق، قاراقاش قاتارلىق 14 نامرات ناھىيىدە قوي، كالا بورداش، لاپاستا كۆكتات ئۆستۈرۈش، مۇناقى ئۈزۈم ئۆستۈرۈش، سەمەت ئۆرۈكى، قارا ئۆرۈك يېتىشتۈرۈش، قوش سپورىلىق موگۇ يېتىشتۈرۈش، ئەتلەس توقۇش قاتارلىق ئەسقاتىدىغان تېخنىكا كۇرسلىرىنى ئاچتى. بۇنىڭ بىلەن 1200 دىن ئارتۇق نامرات ئايال بىر خىلدىن ئارتۇق ئەسقاتىدىغان تېخنىكا ئۆگىنىۋالدى. 8 - ئايدا شىنجاڭ بالىلار تەرەققىيات مەركىزى ئەنگلىيە بالىلارغا ياردەم بېرىش جەمئىيىتى بىلەن يەنە بىر قېتىم ھەمكارلىشىپ قەشقەردە «جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى ‹بالىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتى ئەھدىنامىسى› گە قاتنىشىش شەكلىدىكى تەربىيىلەنگۈچىلەر كۇرسى» ئاچتى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 5 ۋىلايەت، ئوبلاستتىكى ئاياللار بىرلەشمىسى، مائارىپ، سەھىيە، خەلق ئىشلىرى قاتارلىق تارماقلاردىن بولۇپ 35 كىشى كۇرسقا قاتناشتى. ئەنگلىيە بالىلارغا ياردەم بېرىش جەمئىيىتىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى تۇنجى قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ دەرس ئۆتۈپ، قانائەتلىنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشتى. 10 - ئايدا ب د ت نوپۇس فوندى جەمئىيىتىنىڭ مەبلەغ جەھەتتىن ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا مەملىكەتتىكى سەھىيە، مائارىپ، ئاياللار بىرلەشمىسى سىستېمىسى ھەمكارلىشىپ، شىنجاڭدا ئاياللار بىرلەشمىسى، سەھىيە، مائارىپ سىستېمىسىدىكى خادىملار قاتناشقان شىنجاڭ تۇنجى نۆۋەتلىك تۆرەلمە ساغلاملىقى تەربىيىسى بويىچە

مۇھاكىمە كۆرسى ئاچتى. بېيجىڭدىن كەلگەن 5 مۇتەخەسسىس مەخسۇس تېمىدا لېكسىيە سۆزلىدى. 1999 - يىلى شىنجاڭ بالىلار تەرەققىياتى مەركىزى قەشقەر كوناشەھەر، قەشقەر يېڭىشەھەر، يېڭىسار، پەيزاۋات، ئاتۇش قاتارلىق 5 ناھىيە (شەھەر) گە ئادەم ئەۋەتىپ، تۈرلەرنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا يېتەكچىلىك قىلدى ھەمدە ھەر مىللەت ئاياللىرىغا «90 - يىللاردىكى بالىلار تەرەققىيات پىروگراممىسى» ۋە «بالىلار ھوقۇق - مەنپەئەتى ئەھدىنامىسى» گە دائىر بىلىملەرنى سۆزلەپ بەردى. 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 13 - كۈنىگىچە، شىنجاڭ بالىلار تەرەققىيات مەركىزى بىلەن جۇڭگو كېيىنكى ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇتەخەسسىسلەر كومىتېتى، ب د ت بالىلار فوندى جەمئىيىتى ھەمكارلىشىپ، شىنجاڭدا غەربىي شىمالدىكى 4 ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننىڭ بالىلار ھوقۇق - مەنپەئەتى ئەھدىنامىسى بويىچە مۇھاكىمە كۆرسى ئاچتى. گەنسۇ، نىڭشىيا، چىڭخەي ۋە شىنجاڭدىن بولۇپ 60 ۋەكىل مۇھاكىمە كۆرسىگە قاتناشتى. جۇڭگو كېيىنكى ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مېڭ لېيەنكۇن، جۇڭگو ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش كومىتېتى مۇتەخەسسىسلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋۇ پېيجيو، ب د ت بالىلار فوندى جەمئىيىتىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك تۈر ئەمەلدارى ۋاڭ دامىڭ قاتارلىق مۇتەخەسسىسلەر مەخسۇس دوكلات بەردى. يىغىن مەزگىلىدە ۋەكىللەر كۆچمە نوپۇس پەرزەنتلىرى ئۈچۈن قۇرۇلغان ئۈرۈمچى شەھەرلىك 56 - باشلانغۇچ مەكتەپ، قار لەيلىسى باشلانغۇچ مەكتىپىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. شىنجاڭ بالىلار تەرەققىيات مەركىزى ئۈرۈمچى شەھەرلىك 56 - باشلانغۇچ مەكتەپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك گاس - گاچىلار مەكتىپىگە 3200 يۈەن ئىئانە قىلدى ھەم 2 دانە پرويېكسىيە ئاپپاراتى سوۋغا قىلدى. (2) تەشۋىقات تۈرلىرى: 9 - ئايدا شىنجاڭ بالىلار تەرەققىيات مەركىزى «NPA نىشان ئەدەبىيات - سەنئەت توپلىمى» (3 -، 4 - قىسىملىرى) نى ئۇيغۇرچە ۋە قازاقچىغا تەرجىمە قىلىپ، 19 مىڭ 200 قاپ ئۈنئالغۇ لېنتىسى ئىشلەپ، ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە، يېزىلىق ئاياللار بىرلەشمىلىرىگە ۋە سەھىيە، مائارىپ، خەلق ئىشلىرى قاتارلىق سىستېمىلارنىڭ ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىغا ھەقسىز تارقاتتى. «1 - ئىيۇن» خەلقئارا بالىلار بايرىمى ھارپىسىدا، شىنجاڭ بالىلار تەرەققىيات مەركىزى ئۈرۈمچى رايونىدا «بالىلارنى ئىلمىي تەربىيىلەش بىلىملىرى» دىن مەسلىھەت بېرىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. بىر قىسىم رايونلارغا 3000 پارچە «بالىلار ھوقۇق - مەنپەئەتى ئەھدىنامىسى، بالىلار چۆچىكى» نى تارقاتتى. (3) ئاياللارنىڭ مەبلەغ ئايلاندۇرۇش تۈرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا قاتنىشىش:

1999 - يىلى شىنجاڭ بالىلار تەرەققىيات مەركىزى ب د ت بالىلار فوندى جەمئىيىتىنىڭ بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىگە 290 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئايلاندۇرۇش تۈرى راسخوتى ئاجرىتىشنى قولغا كەلتۈرۈپ، 140 نامرات ئائىلە ئايالىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ياردەم بەردى. 8 - ئايدا ئەنگىلىيە بالىلارغا ياردەم بېرىش جەمئىيىتىنىڭ كەسپىي ئوقۇتقۇچىسى جاي، تۈر ئەمەلدارى لى يىڭ، خې يې قاتارلىق 7 كىشى قەشقەر، تۇرپان قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، ھەمكارلىق تۈرىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلدى.

2. بۇ تۈر ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى كانادا - جۇڭگو ھەمكارلىق مۇلازىمەت گۇرۇپپىسى ئارقىلىق ئىجرا قىلىنغان كانادا ئەلچىسى فوند تۈرى. 1999 - يىلى. 1998 - يىلى يۇقىرىغا يوللىنىپ تەستىقلىتىلغان 9 تۈر مەبلىغى نەقلەشتۈرۈلدى. بۇنىڭدا بورتالا شەھىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاياللىرىنىڭ ئىنەك بېقىش ۋە بازار تىجارىتى ھەققىدىكى تەربىيىلەش كۇرسى، چىرا ناھىيىسىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاياللىرىنىڭ يېڭى ئۇسۇلدا توغدۇرۇش، سەھىيە ساقلىقنى ساقلاش بىلىملىرى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى، تولى ناھىيىسىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاياللىرىنىڭ كۆركە توخۇ بېقىش تېخنىكىسى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى، چىڭگىل ناھىيىسىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاياللىرىنىڭ ئىلمىي ئۇسۇلدا قوي بورداش تېخنىكىسى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى، قاراقاش ناھىيىسىدىكى ئاياللارنىڭ يېزا، كەنت دەرىجىلىك ئاياللار كېسەللىكلىرى بويىچە تېببىي خادىم تەربىيىلەش كۇرسى، كۆكتوقاي ناھىيىسىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاياللىرىنىڭ كۆكتات ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى، كۆكتوقاي ناھىيىسىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاياللىرىنىڭ ئائىلە باقمىچىلىقى تېخنىكىسى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى، مورى ناھىيىسىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاياللىرىنىڭ ئاز ئۇچرايدىغان زەمبۇرۇغ — ھىڭ موگۇسى يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى، جېمىنەي ناھىيىسىدىكى قازاق ئاياللىرىنىڭ كالا، قوي بورداش تېخنىكىسى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى قاتارلىق 9 تەربىيىلەش تۈرى ئىجرا قىلىندى. بۇ تۈرلەرگە 809 مىڭ 200 يۈەن ئىشلىتىلدى. 1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى 26 تۈرنى مەلۇم قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە 5 تۈر تەستىقلاندى. 10 - ئايدا كانادانىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ 2 - دەرىجىلىك كاتىپى بەي جىڭفاڭ خانىم شىنجاڭغا كېلىپ 1999 - يىلى يۇقىرىغا مەلۇم قىلغان تۈرلەرنى تەكشۈردى، 1998 - يىلدىكى تۈرلەرنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ باھالىدى.

1999 - يىلى كانادانىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئاممىۋى تەشكىلاتى 350 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلىپ، خوتەن ۋىلايىتىگە يېزا ئاياللىرىنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش بويىچە بىر تەربىيىلەش مەركىزى قۇرۇشقا ياردەم بەردى.

جاڭ يەن

## مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق «بەشتە ياخشى» مەدەنىيلىك ئائىلىلەر

1999 - يىل 12 - ئاينىڭ 6 - كۈنى مەملىكەتلىك «بەشتە ياخشى مەدەنىي ئائىلە» بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى ماسلاشتۇرۇش گۇرۇپپىسى پاتەمخان (قاراقاش ناھىيىسىدىن)، جياڭ شاۋبىن (قاراماي شەھىرىدىن)، ما جىنفاڭ (بىڭتۇەندىن) نىڭ ئائىلىسى قاتارلىق 3 ئائىلىگە مەملىكەتلىك 2 - نۆۋەتلىك «بەشتە ياخشى مەدەنىي ئائىلە» دېگەن شەرەپلىك نام بەردى.

1999 - يىل 3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ش ئۇ ئا ر «بەشتە ياخشى مەدەنىي ئائىلە» بەرپا قىلىشنى ماسلاشتۇرۇش گۇرۇپپىسى خۇ ليەنجېن (ش ئۇ ئا ر دەرىجىلىك ئورگاندىن) نىڭ ئائىلىسى قاتارلىق 10 ئائىلىگە ئاپتونوم رايونلۇق «بەشتە ياخشى مەدەنىي ئائىلە بويىچە ئۈلگىلىك ئائىلە» دېگەن، ھاجىگۈل (قىزىلسۇ ئوبلاستلىق خەلق دوختۇرخانىسىدىن) نىڭ ئائىلىسى قاتارلىق 90 ئائىلىگە ئاپتونوم رايونلۇق «بەشتە ياخشى مەدەنىي ئائىلە» دېگەن، تيەن شيۇجېن (خۇيزۇ، ئۈرۈمچى ناھىيىسى بەن فاڭگۇ يېزىسىدىن) قاتارلىق 37 ئايالغا «ھۆرمەتكە سازاۋەر ئاتا - ئانا ۋە ياخشى پەرزەنت» دېگەن، پاتەم مامۇت (قۇمۇل شەھىرى راھەتباغ يېزىسىدىن) قاتارلىق 35 جۈپ ئاتا - ئانىغا «پەرزەنت تەربىيىلەشتىكى ياخشى ئاتا - ئانا» دېگەن، ۋاڭ سۇيلىڭ (ئۈرۈمچى شەھىرى تىيانشان رايونىدىن) قاتارلىق 21 ئايالغا «ياخشى ئايال» دېگەن شەرەپلىك نام بەردى.

جاڭ يەن

## مەملىكەتلىك 5 - نۆۋەتلىك «ئاياللارنىڭ ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش مۇكاپاتى» بويىچە ئىلغار شەخسلەر ۋە ئىلغار كوللېكتىپلار

1999 - يىل 10 - ئايدا مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى، مائارىپ مىنىستىرلىكى بىرلىكتە كېرىيە ناھىيىسى مۇغاللا بازىرى ئارا مۇقام كەنتى ئاياللار قۇرۇلتىيىنىڭ مۇدىرى ھېۋىزخان روزى، تولى ناھىيىسى تىېجاڭگو بازىرى ئوقۇتۇش رايونىنىڭ چوڭلار مائارىپى كەسپىي كادىرى جاۋ گۈيلەنلەرگە مەملىكەتلىك 5 - نۆۋەتلىك «ئاياللارنىڭ ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش مۇكاپاتى» بويىچە ئىلغار شەخس دېگەن، يەنجى ناھىيىسىگە مەملىكەتلىك 5 - نۆۋەتلىك «ئاياللارنىڭ ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش مۇكاپاتى» بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ دېگەن نام بەردى.

جاڭ يەن

# سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى

## ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر جەمئىيىتى) خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر جەمئىيىتى) ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە، رايونلاردا سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى تەشكىلاتىدىن 84 (بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى 12) نى، ساھەلەرگە قاراشلىق سودىگەرلەر جەمئىيىتىدىن 13نى، بىۋاستە قاراشلىق سودىگەرلەر جەمئىيىتىدىن بىرنى، يېزا، بازاردىكى شۆبە جەمئىيەتتىن 53نى قۇردى ۋە ئەسلىگە كەلتۈردى. ئومۇمىي ئەزا 18 مىڭ 559غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كارخانا ئەزاسى 4120، كوللېكتىپ ئەزا 131، يەككە ئەزا 14 مىڭ 308.

1 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئىلى ۋىلايەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر جەمئىيىتى) 1 - نۆۋەتلىك ئەزالار قۇرۇلتىيى ئېچىپ، رەھبەرلىك كوللېكتىپىنى سايلاپ چىقتى.

3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر جەمئىيىتى) «سودىگەرلەر جەمئىيىتى ئەھۋالى» دېگەن ژۇرنالنى چىقاردى.

5 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر جەمئىيىتى) نىڭ مۇئاۋىن باشلىقى گو چاڭچىڭ باينغولىن ئوبلاستىدىكى غەيرىي ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىك ۋەكىللىرى، سودىگەرلەر جەمئىيىتىدىكى كادىرلارنى باشلاپ، جياڭسۇ، جېجياڭ، فۇجيەن 3 ئۆلكىدە غەيرىي ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى، سودىگەرلەر جەمئىيىتى خىزمىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئۈي جاھازلىرى كەسپىي ساھەسىدىكى سودىگەرلەر جەمئىيىتى قۇرۇلدى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ دائىمىي ئەزاسى ئىسمائىل تىلىۋالدى، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ خەنرۇلار

يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە ئۆي جاھازلىرى كەسپىي ساھەسىدىكى سودىگەرلەر جەمئىيىتىنىڭ ۋۇئۇسكىسىنى ئاچتى.

6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر جەمئىيىتى) بىلەن ئەمگەك نازارىتى، باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئاياللار بىرلەشمىسى، ئىتتىپاق كومىتېتى بىرلىشىپ 99' يازلىق ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر، ئالىي مەكتەپ، تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار، جەمئىيەتتىكى ئىشسىز قالغانلارنى ئىشچىلىققا قوبۇل قىلىش - تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىش بويىچە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا 160 كارخانا قاتناشتى. بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى كارخانا %60 تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ يىغىندا 2000 دىن كۆپرەك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئورنى تەمىنلەندى. ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا 10 مىڭدىن ئارتۇق تۈرلۈك ئىش تەلەپ قىلغۇچى قاتناشتى. ئىشچى ئىشلىتىش مۇددىئانامە ھاسىل قىلغان ئادەم 2076 دىن ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىش ئورنىدىن قالغىنى 58، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 1603.

6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر جەمئىيىتى) تۇنجى نۆۋەتلىك ئەزالار قۇرۇلتىيى ئاچتى، قۇرۇلتايدا ۋىلايەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەھبەرلىك ئاپپاراتى سايلاپ چىقىلدى.

8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ تەشۋىقات - تەربىيە خىزمىتى بويىچە 2 - بۆلەك يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى، سەنشى، شەنشى، گەنسۇ، چىڭخەي، نىڭشيا، شىزاڭ، شىنجاڭ، شىنجاڭ بىڭتۇەن سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە شىئەن شەھەرلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىلىرىدىن بولۇپ 40 كىشى يىغىنغا قاتناشتى. مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن رەئىسى لياڭ جىنچۈەن، مۇئاۋىن رەئىسى باۋ يۈجۈنلار يىغىنغا قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى.

8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى باۋ يۈجۈن، باش كاتىپ چېڭ لۇ باينغولىن ئوبلاستىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، ئوبلاستلىق سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا كارخانىلارنىڭ توپ تارقىتىش بازىرى ۋە نەشپۈت بازىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. غەيرىي ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ۋە سودا سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلىدى.

12 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر جەمئىيىتى)، ش ئۇ ئا ر سۈپەت تېخنىكا نازارەتچىلىك ئىدارىسى 99' غەيرىي ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى كارخانىلارنىڭ سۈپەت تېخنىكا نازارەتچىلىكى خىزمىتى ھەققىدە سۆھبەت يىغىنى ئاچتى، يىغىندا غەيرىي ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى كارخانىلارنىڭ 1999 - يىللىق مەھسۇلات سۈپىتى خىزمىتىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە قىيىنچىلىقلارنى ئىگىلىدى. غەيرىي ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى كارخانىلارنىڭ خەلقئارا سۈپەت سىستېمىسىنىڭ ئېتىراپ قىلىشى ۋە دۆلەت ئۆلچەم تېخنىكىسى بويىچە ئۆلچەمگە كىرگۈزۈش خىزمىتى جەريانىدا ئېھتىياجلىق بولغان ياردەم بىلەن تەمىنلەش توغرىسىدا پىكىر ئېلىندى.

12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر جەمئىيىتى) 7 - نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ 3 - قېتىملىق ئىجرائىيە (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنى ئاچتى. يىغىندا خىزمەت دوكلاتى قاراپ چىقىلدى ۋە ماقۇللاندى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 6 - ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ۋە ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد خىزمەت يىغىنىنىڭ روھى ئۆگىنىلدى ۋە يەتكۈزۈلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئەسقەت كەرىمباي، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ دائىمىي ئەزاسى ئىسمائىل تىلىۋالدى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇرېھىم ھاجىئىمىنلار يىغىنغا قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى.

دېڭ تيېمىي

## 1 - قېتىملىق بىرلەشمە يىغىن

1999 - يىل 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى دەلىلقان مامىقان ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى بىلەن ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ تۇنجى بىرلەشمە يىغىنىنىڭ ئېچىلىشىغا رىياسەتچىلىك قىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى، ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد - سودا كومىتېتى قاتارلىق 25 ئالاقىدار نازارەت، ئىدارىنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندىن كېيىن، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى «ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ تۇنجى قېتىملىق بىرلەشمە يىغىنىنىڭ خاتىرىسى»نى تارقاتتى. «خاتىرە» دە سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىلىرىنىڭ خىزمىتى مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ، جايلار، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ

ۋە ئۇنى قوللاپ، ئاپتونوم رايوننىڭ غەيرىي ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدىكى ئىگىلىكنىڭ تېز، ساغلام راۋاجلىنىشىنى ئورتاق ئىلگىرى سۈرۈش كېرەكلىكى تەلەپ قىلىندى. «خاتىرە»دە ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ دوكلاتىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەكلىپلەرگە جاۋاب بېرىلدى ھەمدە ئۇ ئالاقىدار تارماقلارنىڭ تەتقىق قىلىپ ھەل قىلىشىغا تاپشۇرۇلدى.

دېڭ تېيمبى

## ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى خىزمىتىنىڭ تۇنجى قېتىملىق سۆھبەت يىغىنى ئېچىلدى

بۇ يىغىن 1999 - يىل 4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. 15 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە بىر قىسىم ناھىيە دەرىجىلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مەخسۇس رەھبەرلىرى، شۇنداقلا تەييارلىق كۆرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇللىرىدىن 42 كىشى يىغىنغا قاتناشتى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ دائىمىي ئەزاسى ئىسمايىل تىلىۋالدى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى دەلىلقان ماسقان، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر جەمئىيىتى) نىڭ باشلىقى ئابدۇرېھىم ھاجىئىمىنلار يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە مۇھىم سۆز قىلدى.

دېڭ تېيمبى

## غەيرىي ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدىكى كارخانىلاردىكى چەت ئەلگە چىقىدىغان خادىملارنى سىياسىي جەھەتتىن تەكشۈرۈش ۋە ئۇلارنىڭ ئۇنۋانىنى بېكىتىش ئەھۋالى

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى غەيرىي ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدىكى ئىگىلىك باشقۇرغۇچى خادىملارنىڭ چەت ئەلگە (چېگرىدىن) چىقىش رەسمىيىتىنى بېجىرىش بويىچە 59 تۈركۈمدە 137 ئادەم - قېتىمنى سىياسىي جەھەتتىن تەكشۈردى. بۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن چەت ئەلگە (چېگرىدىن) چىقىدىغانلار 43 ئۆمەكتىكى 108 ئادەم قېتىم، شەخسىي ئىش بىلەن چىقىدىغانلار 16 تۈركۈمدە 29 ئادەم (قېتىم) بولدى. ئۇنۋان باھالاش ئىمتىھانىغا جەمئىي 10 كەسىپ بويىچە 190 ئادەم (قېتىم) تىزىملىتىلدى. 1998 - يىلى كەسپىي تېخنىكا لاياقەت ئىمتىھانى بويىچە 7 كىشىگە لاياقەت گۇۋاھنامىسى بېرىلدى، ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بويىچە 2 كىشىنىڭ رەسمىيىتى باھالاشقا يوللاندى.

دېڭ تېيمبى

## غەيرىي ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى ئىگىلىك باشقۇرغۇچى زاتلىرىدىن تەشكىللەنگەن تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى

1999 - يىل 3 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 13 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئەسئەت كەرىمباي ئۆمەك باشلىقى بولغان شىنجاڭ غەيرىي ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدىكى ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلار تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكى 21 كىشى شاڭخەي، جياڭسۇ، جېجياڭ قاتارلىق ئۆلكە، شەھەرگە بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. تەكشۈرۈش ئۆمىكى خەلق باشقۇرۇشىدىكى چوڭ كارخانا، خۇسۇسىي كارخانا، سانائەت رايونلىرى، پاي تۈزۈمىدىكى كارخانا، پەن - تېخنىكا كارخانىسى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونى، توقۇمىچىلىق شەھەرچىسى قاتارلىقلارنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى نۇقتىلىق تەكشۈردى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىز بىلەن دېڭىز بويىدىكى ئۆلكە، رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى تاپتى. تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى تەجرىبىلەرنى چوڭقۇر ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، ئىدىيە ۋە كۆز قاراشنى ئۆزگەرتىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ غەيرىي ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدىكى ئىقتىسادىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

دېڭ تېيمبى

## خەلق باشقۇرۇشىدىكى كارخانىلار ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىدە ئەڭ ئېسىل مەھسۇلات ماركىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر جەمئىيىتى) تۇنجى قېتىم شىنجاڭ سودىگەرلەر جەمئىيىتى سودا ئۆمىكىنى ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىگە قاتنىشىشقا ئۇيۇشتۇردى. شىنجاڭ گۇاڭخۇي كارخانا گۇرۇھىنىڭ «گۇاڭخۇي» ماركىلىق تاش ماتېرىيالى، شىنجاڭ «چوڭ بوغدا» يېمەكلىكلەر چەكلىك شىركىتىنىڭ «مەيچۈر» ماركىلىق بىر يۈرۈش يېمەكلىكى، شىنجاڭ ئۈرۈمچى ئارمان سودا چەكلىك شىركىتىنىڭ «نوقۇت» ماركىلىق نۇقۇت تالقىنى، «شەرق» ئوسما گىرىم بۇيۇملىرى چەكلىك شىركىتىنىڭ «ئوسما» ماركىلىق بىر يۈرۈش گىرىم بۇيۇمى، شىنجاڭ «جىيرۇيشياڭ» گۇرۇھى چەكلىك

شىركىتىنىڭ «جىيىرۋېشيالڭ» ماركىلىق بىر يۈرۈش ھۆججەت ئىشكاپى قاتارلىق مەھسۇلاتلار ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىدە تۇنجى قېتىم ئەلڭ ئېسىل مەھسۇلات ماركىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. شىنجاڭ «جىيىرۋېشيالڭ» گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى بىلەن شىنجاڭ «چولڭ بوغدا» يېمەكلىكلەر چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىدە ئەلڭ ياخشى يەرمەنكە ئورۇنلاشتۇرۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

دىلڭ تىيىبى

## سۇن گۇاڭشىن تەقدىرلەندى

1999 - يىلى 10 - ئايدا ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر جەمئىيىتى) نىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شىنجاڭ گۇاڭخۇي كارخانا گۇرۇھىنىڭ لېدىرى، قوشۇمچە باش دىرېكتورى سۇن گۇاڭشىن غەربىي شىمال كارخانا ساھەسىدىكى 10 چوڭ ئاخبارات پېرسوناژىنىڭ بىرى بولۇپ باھالاندى. 1999 - يىلى 12 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى تەرىپىدىن خەلق باشقۇرۇشىدىكى مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا كارخانىچى بولۇپ باھالاندى.

دىلڭ تىيىبى

## خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى شىنجاڭ ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1. 1999 - يىلى 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى شىنجاڭ ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ جۇڭگونىڭ يۇگوسلاۋىيە ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىغا باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئارقىلىق ھۇجۇم قىلغانلىق قىلمىشىنى قاتتىق ئەيىبلىدى، كۆپچىلىك قەتئىي ھالدا ئامېرىكىنىڭ بۇ قەبىھ غەرىزى جۇڭگودا ئىچكى مالىمانچىلىق پەيدا قىلىپ، جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە قۇدرەت تېپىشىغا توسالغۇ بولۇشتىن ئىبارەت، بىز چوقۇم ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى چىڭ تۇتۇپ، دۆلەت كۈچىنى ئاشۇرۇپ، دۆلەت مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىپ، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ ۋەھشىيانە قىلمىشىغا ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز بىلەن زەربە بېرىشىمىز كېرەك دەپ كۆرسەتتى.

6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 75 يىللىقى ۋە خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى شىنجاڭ ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىنى ئاچتى. ئۈرۈمچى رايونىدىكى 200 دىن ئارتۇق خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىدە ئوقۇغان ساۋاقداشلار پائالىيەتكە قاتناشتى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ دائىمىي ئەزاسى ئىسمائىل تىلىۋالدى يىغىنغا كېلىپ يىغىننى تەبرىكلىدى ھەمدە مۇھىم سۆز قىلدى. خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى (باش ئۇيۇشمىسى) يىغىنغا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتىپ، يىغىننى تەبرىكلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىدە ئوقۇغان ساۋاقداشلار سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، لى دېڭخۇينىڭ ۋەتەننى پارچىلاش سەپسەتىسىنى تەنقىد قىلدى. ساۋاقداشلار ۋەتەنپەرۋەر، ئىنقىلابىي خۇاڭپۇ روھىنى چوقۇم داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىدە ئوقۇغان ساۋاقداشلارنىڭ سىرت بىلەن ئالاقىلىشىش ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇغان تەيۋەن، شياڭگاڭ، ئاۋمېن ۋە چەت ئەلدىكى ساۋاقداشلار ۋە دوستلار بىلەن كەڭ ئالاقە باغلاپ، «تىنچ بىرلىككە كەلتۈرۈش، بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم بولۇش» تىن ئىبارەت ئاساسىي فاڭجېننى ئەستايىدىل تەشۋىق قىلىپ، تەيۋەن مۇستەقىللىقىغا قارشى تۇرۇپ، بىرلىككە كېلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش كۈرىشىنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈشتى.

8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىدە ئوقۇغان ساۋاقداشلار سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، «فالۇن ئەقىدىسى» نىڭ ئىلىم - پەنگە قارشى تۇرۇش، جەمئىيەتكە قارشى تۇرۇش، ھۆكۈمەتكە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى چوڭقۇر پاش قىلدى. يىغىنغا قاتناشقان ساۋاقداشلار بىردەك «فالۇن گۇڭپىسى» نى مەشىق قىلىدىغان ساۋاقداشلار ۋە ئۇلارنىڭ دوستلىرىنىڭ «فالۇن گۇڭپىسى» نىڭ زىيانلىق تەرەپلىرىنى تونۇۋېلىشىغا، «فالۇن گۇڭپىسى» بىلەن چەك - چېگرىنى قەتئىي ئايرىشقا پائال ياردەم بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

9 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 6 - كۈنىگىچە تەيۋەن قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئوفىتسېرلار مەكتىپىنىڭ مەكتەپداشلىرى جەمئىيىتى يېپەك يولى ساياھەت ئۆمىكىدىكى 39 كىشى ئاپتونوم رايونىمىزغا ئېكسكۇرسىيە ۋە تەكشۈرۈشكە كەلدى. ئۇلار بوغدا كۆلى، ئۈرۈمچى نەنشەن مەنزىرە رايونى، تۇرپان، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى قىزىلتاغ باغچىسى، دۆلەت كۆۋرۈك بازىرىنى ۋە ش ئۇ ئا ر مۇزېيىنى ئېكسكۇرسىيە - ساياھەت قىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى ۋە خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى شىنجاڭ ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مەسئۇللىرى ئۇلارنى ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشتى.

9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى شىنجاڭ ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش، شىنجاڭنىڭ تىنچ ئازاد بولغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن يىغىن ئاچتى، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىدە ئوقۇغان 200 دىن ئارتۇق ساۋاقداش يىغىنغا قاتناشتى.

12 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى شىنجاڭ ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈۋېلىش مۇناسىۋىتى بىلەن سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى، يىغىنغا قاتناشقان ساۋاقداشلار تەيۋەننىڭ ۋەتەن قوينىغا بالدۇرراق قايتىپ كېلىشىنى ئورتاق ئارزۇ قىلىشتى.

2. غەربىي شىمالدىكى 5 ئۆلكە، رايوندىكى خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ 3 ـ قېتىملىق خىزمەت ھەمكارلىقى بويىچە ئالماشتۇرۇش يىغىنى 1999 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 26 — 30 ـ كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. سەنشى، گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەي، شىنجاڭ خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە ئىشخانا مەسئۇللىرى يىغىنغا قاتناشتى؛ گۇاڭشى، خېنەن ھەربىي مەكتىپى ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇللىرى تەكلىپ بىلەن يىغىنغا قاتناشتى. يىغىننىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ تەيۋەنگە قارىتىلغان خىزمەت ھەققىدىكى مۇھىم بولىيورۇقىنى ئۆگىنىپ، خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى (باش ئۇيۇشمىسى) نىڭ 2 ـ نۆۋەتلىك دائىمىي كېڭەشنىڭ 3 ـ قېتىملىق يىغىن روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى ۋە تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ دائىمىي ئەزاسى ئىسمائىل تىلىۋالدى يىغىن قاتناشچىلىرى بىلەن كۆرۈشتى ھەمدە مۇھىم سۆز قىلدى. خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى (باش ئۇيۇشمىسى) نىڭ باش كاتىپى چېن گوشياڭ يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا مۇھىم سۆز قىلدى، يىغىندا جايلاردىكى ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىلىرى خىزمەت تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇردى.

ش ئۇ ئا ر خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى شىنجاڭ ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ 2 ـ نۆۋەتلىك دائىمىي كېڭەشنىڭ 2 ـ قېتىملىق يىغىنى 11 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىن 24 ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى شىنجاڭ ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ كېڭەش ئەزالىرى ۋە قىسمەن ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى ئالاقە باغلاش گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا سۇن گاڭنى شىنجاڭ خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى شىنجاڭ ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ باش كاتىپلىقىغا تەيىنلەش قارار قىلىندى.

3. تەشكىلىي قۇرۇلۇشى. 1999 ـ يىلى خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى شىنجاڭ ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى ئورگان تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى ھەمدە خىزمەتچى خادىملارنى كومپيۇتېر ئىنتېرنېت تورى ئۆگىنىش كۇرسلىرىغا ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى. 11 ـ ئايدا جاڭ خوڭنى شياڭگاڭغا ئۆگىنىشكە ۋە تەكشۈرۈشكە ئەۋەتتى. 1999 ـ يىلى ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسىغا 8 ئەزا قوبۇل قىلىندى. ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى ئەزاسى 1040 قا يەتتى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 78 ياش.

4. بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتى. ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى 1999 ـ يىلى باھار بايرىمى، روزى ھېيت، قۇربان ھېيت ھارپىلىرىدا خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىدە ئوقۇغان 146 كىشىدىن ھال سورىدى ھەمدە تەبرىكلەش كارتىسى، ئۈستەل كالېندارى، مەكتەپ خاتىرە ئىزنىكى قاتارلىقلارنى باستۇرۇپ، خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىدە ئوقۇغان ھەر قايسى جايلاردىكى ساۋاقداشلارغا تارقىتىپ بەردى. مۇشۇ يىلدا تەيۋەن، قازاقىستان، قىرغىزىستاندا تۇرۇۋاتقان خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىدە ئوقۇغان ساۋاقداشلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتىدىن 48 نى كۈتۈۋالدى.

جاڭ خوڭ

## شىنجاڭ چەت ئەل بىرلەشمە دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1999 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر چەت ئەل بىرلەشمە دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى 122 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە چەت ئەلدىكى ئەزا 21. 1999 ـ يىلى چەت ئەل بىرلەشمە دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتىدە ئاساسلىقى، دوستلۇقنى كۈچەيتىش، ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىشىشنى ئالغا سۈرۈش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى.

بىرلەشمە دوستلۇق جەمئىيىتى 1 ـ ئايدا قىرغىزىستان جۇڭگولۇق ئەۋلادلار جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى شى زوشەننى كۈتۈۋالدى.

5 ـ ئايدا ئۆزبېكىستان جۇڭگولۇقلار جەمئىيىتىگە تەييارلىق كۆرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى لونەنبىينى كۈتۈۋالدى.

6 ـ ئايدا بىرلەشمە دوستلۇق جەمئىيىتى ش ئۇ ئا ر تاشقى ئىشلار (مۇھاجىرلار) ئىشخانىسى بىلەن بىرلىكتە سەئۇدى ئەرەبىستاندا ئولتۇراقلىشىپ قالغان شىنجاڭلىق جۇڭگو

# ھەربىي ئىشلار

## شىنجاڭ ھەربىي رايونى

### شىنجاڭ ھەربىي رايونى رەھبەرلىرىنىڭ ئىسىملىكى

قوماندان: لى لياڭخۇي (جۇڭجياڭ).

پارتكومىنىڭ 1 - شۇجىسى: ۋاڭ لېجۇەن (ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى، قوشۇمچە ئۆتەيدۇ).

سىياسىي كومىسسار: جۇ يۇڭشۇن (جۇڭجياڭ).

مۇئاۋىن قوماندانلار: فاڭ دېڭخۇا (شاۋجياڭ)، قۇربان ئەرشىدىن (شاۋجياڭ)، يەن چۇڭخۇ (شاۋجياڭ)، جاڭ تۇڭجىن (شاۋجياڭ، 7 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، جاۋ ۋېنلۇڭ (شاۋجياڭ، 7 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: ۋاڭ ۋېيجىن (شاۋجياڭ)، جاڭ جىپىڭ (شاۋجياڭ)، يۇ بىڭلىي (شاۋجياڭ)، ئىبراھىم سۇلايمان (شاۋجياڭ).

### ھەربىي تەلىم - تەربىيە

شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا قاراشلىق قىسىملار 1999 - يىلى تەلىم - تەربىيىنى پروگرامما بويىچە ئېلىپ بېرىشتا چىڭ تۇردى. قىسىملار يېڭى ئەسكەرلەرنى بىر گازارما رايونىغا يىغىپ باشلاشقان تەلىم - تەربىيىنى يولغا قويدى. يېڭى ئەسكەرلەر ئۈنۈملۈك سىنىلىق تېلېۋىزىيە تورى قۇرۇلۇپ، يېڭى ئەسكەرلەر تەلىم - تەربىيىسىنىڭ پەن - تېخنىكا تەركىبى ئاشۇرۇلدى. ھەربىي رايونغا قاراشلىق قىسىملاردا ھەربىي سەپكە قاتناشقىنىغا 2 يىلدىن ئاشقان ئەسكەرلەرنىڭ تەلىم - تەربىيىسىدە ئەقلىي ماھارەت، جىسمانىي ماھارەت ۋە تېخنىكىلىق ماھارەت گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، تەلىم - تەربىيە قاتلىمى ئۆستۈرۈلدى. يەككە ئەسكەرلەرنىڭ كەسپىي تەلىم - تەربىيىسىدە، قىسىملار ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا قورال تۈرلىرى، ئەسكەرلەرنىڭ يىل سانى، ساپا ئاساسى بويىچە گۇرۇپپىلارغا تەشكىللەپ، ئايرىم گۇرۇپپىلار بويىچە ئايرىم تەربىيىلەش، كەسپكە ماسلاشتۇرۇپ ئايرىم تەربىيىلەش، دەرىجىگە ئايرىپ ئايرىم تەربىيىلەش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللاندى. قىسىملار تايانچ كادىرلارنى تەربىيىلەش بىلەن ئۆگەتكۈچىلەرنى تەربىيىلەشنى مۇھىم نۇقتا قىلدى. ھەربىي رايون بويىچە ئۈەندىن يۇقىرى ئورۇنلار 202 قارار يىغىپ تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، ھەرخىل كادىرلار، تايانچلاردىن 13 مىڭ 38 كىشىنى، يېڭى تىپتىكى «تۆتنى بىلىدىغان» ئۆگەتكۈچىدىن 673 كىشىنى تەربىيىلىدى.

شىنجاڭ ھەربىي رايونى 3 قېتىم ۋەزىيەتنى تەھلىل

مۇھاجىرى مۇھەممەت جاھىد قاتارلىق 3 كىشىنى شىنجاڭغا كېلىپ ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەتتە بولۇشقا تەكلىپ قىلدى.

9 - ئايدا شياڭگاڭ «يىدا» گۇرۇھىنىڭ قۇرغۇچىسى ياڭ يۇنلۇڭ قاتارلىق 8 كىشىنى كۈتۈۋالدى. شۇ ئايدا تەيۋەن خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى ساۋاقداشلار، مەكتەپداشلارنىڭ شىنجاڭنى تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكى 39 كىشىنى كۈتۈۋالدى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم تاشقى تەشۋىقات ئىشخانىسى قاتارلىق ئورۇنلار بىلەن بىرلىكتە «ئاۋمېننىڭ تارىخى ۋە تەرەققىياتى» ناملىق چوڭ تىپتىكى سۈرەت كۆرگەزمىسىنى ئۇيۇشتۇردى.

10 - ئايدا بىرلەشمە دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ما چاڭفا سەئۇدى ئەرەبىستان، پاكىستان، ئاۋستراليە، قىرغىزىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان شىنجاڭلىق جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ دۆلەت بايرىمىنى كۆرۈش ئۆمىكىدىكى 8 كىشىنى كۈتۈۋالدى.

11 - ئايدا شىنجاڭ ئىقتىساد رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قاتارلىق ئورۇنلار بىلەن بىرلىكتە «ئاۋمېن ياخشىمۇسىز» ناملىق زېھىن سىناش مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇردى.

12 - ئايدا ئاۋمېندىكى ھەر ساھە دوستلارغا ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن 12 پارچە تەبرىك تېلېگراممىسى يوللىدى. مەدەنىيەت نازارىتى قاتارلىق ئورۇنلار بىلەن بىرلىكتە تىياتىر ھەۋەسكارلىرىنىڭ ’99 شىنجاڭ قىتئە لوڭقىسى ئەسىر ساداسى مۇكاپاتلىق مۇسابىقىسىنى ئۇيۇشتۇردى.

1999 - يىلى چەت ئەللىك مېھمانلاردىن 6 تۈركۈمدە 57 كىشىنى تەكلىپ قىلدى ۋە كۈتۈۋالدى. 3 قېتىم ئاممىۋى خاراكتېرلىك چوڭ پائالىيەت ئۇيۇشتۇردى.

لى بىڭشياڭ

قىلىش پىلىنى ئاچتى. 4 قېتىم ئەسكەرلەرنى پەن - تېخنىكا جەھەتتىكى مەشىق قىلدۇرۇشقا دائىر قوشۇمچە يوليورۇق ۋە ئۇقتۇرۇش چىقاردى، كۆپ قېتىم خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ئاساسىي قاتلامغا ئەۋەتىپ، خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلدى. جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرغۇچى زاپاس دىجورنى قىسىملار ۋە زىچ تېخنىكىلىق قىسىملارنىڭ پەن - تېخنىكا جەھەتتىكى مەشىقىنى نۇقتىلىق تۇتتى. قىسىملار ھازىرقى قورال - جابدۇقلارنى ئاساس قىلىپ، تېخنىكا ۋە ئۇسكۈنىلەرنى بىرلەشتۈرۈش جەھەتتە، تەلىم - تەربىيە ئۇسۇلى ۋە ۋاسىتىسى جەھەتتە بۆسۈش ھاسىل قىلىپ، ئۆز ئەمەلىيىتىگە ماس كېلىدىغان نۇرغۇنلىغان ئاددىي، ئەمەلىي، يېڭى نەتىجىلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. كاپالەتلىك قىلىش تەس، سەرپىياتى يۇقىرى، مەزمۇنى قۇرۇق، ئابستراكت بولغان بەزى نۇقتىلىق، قىيىن دەرسلەرگە قارىتا، كۆپ ۋاستىلىك ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ئوبرازلىق، تەقلىدىي ئوقۇتۇش يولىنى تۇتتى، كومپيۇتېر ئىنتېرنېت تورىدىن پايدىلىنىپ، تور ئۈستى مەشىقى ئېلىپ بېرىپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈردى. ھەربىي رايونغا قاراشلىق قىسىملار 1100 نەچچە تۈرلۈك قورال - جابدۇق ئەسۋابىنى تەتقىق قىلىپ ياسىدى ۋە يېڭىلىدى، كۆپ ۋاستىلىك دەرس دېتالىدىن 100 نەچچىنى ياسىدى، 100 نەچچە تۈرلۈك تېخنىكا يېڭىلاش مۇۋەپپەقىيىتى ۋە 62 كۆپ ۋاستىلىك دەرس دېتالىنى ھەربىي رايوننىڭ ئەسكەرلەرنى پەن - تېخنىكا جەھەتتىن مەشىق قىلدۇرۇش مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى نەق مەيداندا كۆرەك قىلىش مۇھاكىمە يىغىنىغا ۋە لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ ئەسكەرلەرنى پەن - تېخنىكا جەھەتتە مەشىق قىلدۇرۇش كۆرىكى بويىچە يىغىپ تەربىيىلەش پائالىيىتىگە قاتناشتۇردى.

شىنجاڭ ھەربىي رايونى شىددىن يۇقىرى ئورۇنلار ۋە ھەربىي رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق تۇەن (پونكىت) لەرنىڭ مەسئۇل ھەربىي باشلىقلىرى، مەشىق، كادىرلار باشقارما (بۆلۈم) لىرىنىڭ باشلىقلىرى، تەلىم - تەربىيە ئەترەتلىرىنىڭ باشلىقلىرى شۇنداقلا ھەربىي رايون ئورگىنىدىكى باشقارما باشلىقلىرىدىن بولۇپ 170 تىن ئارتۇق كىشىنى تەشكىللەپ، 1999 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 — 29 - كۈنىگىچە ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى تەلىم - تەربىيىسىنى نەق مەيداندا كۆرەك قىلىش مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى. يىغىندا قىزىلسۇ شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ ۋە ھەربىي رايون ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى يىغىپ تەربىيىلەش ئەترىتىنىڭ ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى تەلىم - تەربىيىسىنى تۇتۇش تەجرىبىلىرى ۋە ئۇسۇللىرى ئالماشتۇرۇلدى، «ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ داۋاملىق تەربىيىلىنىشىنى يولغا قويۇش ھەققىدە پىكىر» تەييارلاپ چىقىلدى.

شىنجاڭ ھەربىي رايونى 1999 - يىل 7 - ئاينىڭ 7 — 9 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدىكى مەلۇم تۇەندە تۇەندىن يۇقىرى ئورۇنلارنىڭ مەسئۇل ھەربىي باشلىقلىرى، مەشىق باشقارما (بۆلۈم) باشلىقلىرى، تەلىم - تەربىيە ئەترەتلىرىنىڭ باشلىقلىرى شۇنداقلا ھەربىي رايون ئورگىنىدىكى كەسپىي تارماقلارنىڭ خادىملىرىدىن بولۇپ 160 نەچچە كىشى قاتناشقان ئەسكەرلەرنى پەن - تېخنىكا جەھەتتە مەشىق قىلدۇرۇشنى نەق مەيداندا كۆرەك قىلىش مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى. 6 ئورۇن ئەسكەرلەرنى پەن - تېخنىكا جەھەتتە مەشىق قىلدۇرۇش تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇردى، 113 تېخنىكا يېڭىلاش يېڭى تۈرى نەق مەيداندا كۆرەك قىلىندى، 18 خىل يېڭى قورال - جابدۇق ئېكسكۇرسىيە قىلىندى، مۇھىم نۇقتىلىق ۋە قىيىن نۇقتىلىق دەرسلەرنىڭ كۆپ ۋاستىلىك دېتالىدىن 6 سى ۋە رەھبەرىي ئورگاننىڭ تەلىم - تەربىيە سىستېمىسى كۆرەك قىلىندى. 8000 دىن ئارتۇق ئەسكەر (بىۋاسىتە كاپالەتلىك قىلغۇچى خادىملارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 500 ئاپتوموبىل، 12 تال ئۇچار ئايروپىلان، 3000 دىن ئارتۇق مىلتىق ئىشقا سېلىنغان پارات پائالىيىتى ئۆيۈشتۇرۇلدى. «ئەسكەرلەرنى پەن - تېخنىكا جەھەتتە مەشىق قىلدۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ھەققىدىكى يېتەكچى پىكىر» مۇھاكىمە قىلىپ تۈزۈپ چىقىلىپ، ئەسكەرلەرنى پەن - تېخنىكا جەھەتتىن مەشىق قىلدۇرۇشنىڭ ۋەزىپىسى، مەزمۇنى، ئۇسۇلى، نىشانى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى، ئەسكەرلەرنى پەن - تېخنىكا جەھەتتە مەشىق قىلدۇرۇش ئاساس بىلەن تەمىن ئېتىلدى.

ھەربىي رايون 1999 - يىل 3 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگىچە فوكاڭدا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىدىن 1036 كىشىنى يىغىپ تەربىيىلىدى. يىغىپ تەربىيىلەش ئەترىتى ۋە ئوقۇتۇش ئاپپاراتى قۇرۇلدى، يىغىپ تەربىيىلەنگەن كۇرسانتلار ھەربىي رايونغا قاراشلىق 881 شتاتلىق لىيەن، 37 تەلىم - تەربىيە ئەترىتى، 118 خەلق قوراللىق بۆلۈمىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇلار ئوخشاشمىغان تىپتىكى 20 كەسىپكە تەۋە تەربىيىلەش ئارقىلىق ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشى بويىچە زور بىر تۈركۈم ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر يېتىشتۈرۈلۈپ، ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىندى.

چى جىمىڭ

## — ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشى

1999 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونغا قاراشلىق ھەر دەرىجىلىك ئورۇنلار كادىرلارنىڭ ئومۇمىي ساپاسى ۋە ئەمەلىي خىزمەت ئىقتىدارىنى چۆرىدەپ، 202 قارار كادىرلار كۇرسى ئېچىپ، كادىرلارنىڭ ئىقتىدارى ۋە ساپاسىنى خېلى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى. 19 شتاتلىق تۇەن ۋە ئۇدا 3 يىل ئىلغار

بولۇپ باھالىنالىغان ۋە بىرقەدەر ئارقىدا قالغان 193 لىيەندۈيگە پىلانلىق، نۇقتىلىق ياردەم بېرىلدى؛ لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ 2 «3 يىللىق پىلان» نى ئىزچىل يولغا قويۇش پىكرى مۇھاكىمە قىلىپ تۈزۈپ چىقىلدى. مۇنەۋۋەر چېگرا مۇداپىئە ئوفىتسېر - ئەسكەرلەردىن 49 كىشى «ئىككىدىن ئۆگىنىش، ئىككىنى كۆرۈش» بويىچە ئۆگىنىش - ئېكسكۇرسىيە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن شىئەنگە ئەۋەتىلدى.

جى شۇفاڭ

## توپچى قىسىملار، ھاۋا مۇداپىئە قىسىملىرى خىزمىتى

1999 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى توپچى قىسىم، ھاۋا مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ ھەممىسى تەلىم - تەربىيە ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. ھەربىي رايون 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگە قەدەر زېمىنت توپچىلار تۈەنى (توپى) نىڭ ئاددىي ئاخبارات قوماندانلىق سىستېمىسى، تانكىغا قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبا، ھاۋا مۇداپىئە باشقۇرۇلىدىغان بومبىسى، رادار ۋە پىلانېردىن ئىبارەت 5 خىل يېڭى قورال - جابدۇقنى ئىشلىتىش بويىچە يىغىپ تەربىيىلەش ئېلىپ بېرىپ، 285 كەسپىي خادىمنى تەربىيىلىدى. 4 - ئايدىن 9 - ئايغىچە ھاۋا مۇداپىئە قىسىملىرى رازۋېدكا شۆبە قىسمى ۋە قوماندانلىق شۆبە قىسمىدا 50 كۈندىن كۆپرەك يىغىپ تەربىيىلەش ئېلىپ باردى. 5 — 6 - ئايلاردا، لەنجۇ ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونلىرىنىڭ ئەسكىرىي تۈر ئورگانلىرى بىرلەشمە خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، «36106» ۋە «36109» قىسىملارنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ۋە نۇقتىدا تۇرۇپ ئۇلارنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بەردى. 7 - ئاينىڭ باشلىرىدا، توپچى قىسىم، ھاۋا مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ 13 تۈرلۈك تېخنىكىلىق تەلىم - تەربىيە ئۇسۇلى، 21 تۈرلۈك يېڭىلانغان ئۈسكۈنىسى، 13 كۆپ ۋاستىلىك دەرس دېتالى ھەربىي رايوننىڭ ئەسكەرلەرنى پەن - تېخنىكا جەھەتتە مەشىق قىلدۇرۇش كۆرىكىگە قاتناشتۇرۇلۇپ كۆرگەزمە قىلىندى. 8 - ئايدا ھەربىي رايوننىڭ ئەسكىرىي تۈر ئورگانلىرى، «36101» قىسىم ۋە «36220» قىسىمغا قاراشلىق توپچى قىسىم، ھاۋا مۇداپىئە قىسىملىرى (شۆبە قىسىملىرى) ، «36330» قىسىم، «36328» قىسىم «غەرب — 99» جەڭ مانېۋىرىغا قاتناشتى. باش شتاب، لەنجۇ ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونلىرى بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، 9 - ئاينىڭ 22 — 27 - كۈنىگىچە «36106» قىسىم بىلەن «36109» قىسىمنىڭ جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرغۇچى زاپاس دېۋىزىيە قىسىم ئۆلچىمىگە يېتىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالغاندا، ئۇلارنىڭ نەتىجىسى ئەلا بولۇپ چىقتى. 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگىچە لەنجۇ ھەربىي رايونى ئەسكەرلەرنى پەن - تېخنىكا جەھەتتە مەشىق قىلدۇرۇش مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۆرىكى ۋە 4 دەرىجىلىك مەسئۇل ھەربىي باشلىقلارنى يىغىپ تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ توپچى قىسمى، ئەسكەرلەر ھاۋا مۇداپىئە قىسىملىرىدىن ئەسكەرلەرنىڭ ئەمەلىي ماھارەت كۆرسىتىشى بويىچە 2 دەرس تۈرى، يېڭىلانغان ئەسۋابدىن 35 ى، كۆپ ۋاستىلىك دەرس دېتالىدىن 26 سى كۆرەككە قاتناشتۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ ئەمەلىي ماھارەت كۆرسىتىشى بويىچە بىر دەرس تۈرى، يېڭىلانغان ئەسۋابتىن 8 ى، كۆپ ۋاستىلىك دەرس دېتالىدىن 3 ى باش شتاب رەھبەرلىرىگە دوكلات قىلىش يۈزىسىدىن كۆرەك قىلىندى. شۇ يىلى توپچى قىسىم ھاۋا مۇداپىئە قىسىملىرى چېگرىدا قايتۇرما زەربە بېرىش ئۇرۇشىدا جۇڭگو تەرەپنىڭ ئۇرۇش تاكتىكىسى، باشقۇرۇلىدىغان بومبىنى ئىشلىتىش، مۇداپىئە سېپىنى بۆسۈپ ئۆتۈش ۋە ئوت كۈچىنى ماسلاشتۇرۇش، ئېلېكترونلۇق قارشىلىشىش شۇنداقلا رازۋېدكا ئالاقىسى قاتارلىق تېمىلارنىڭ تەتقىقاتىنى گەۋدىلەندۈردى؛ دالا ئۇرۇشى ھاۋا مۇداپىئەسىگە تەشكىلاتچىلىق - قوماندانلىق قىلىش مەسىلىسى ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى ۋە يېڭى «ئۈچكە زەربە بېرىپ، ئۈچتىن مۇداپىئەلىنىش» ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى گەۋدىلەندۈردى. 14 پارچە ماقالە مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتۇرۇلدى، ئۇنىڭ 8 ى «ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» غا كىرگۈزۈلدى، 6 سى مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە بولۇپ باھالاندى. يىللىق تەلىم - تەربىيە ئاخىرلاشقاندىن بۇرۇن، ھەربىي رايون ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئەسكىرىي تۈر ئورگانلىرى ئۆزىگە قاراشلىق توپچى قىسىم ۋە ھاۋا مۇداپىئە قىسىملىرىدا ھەربىي تەلىم - تەربىيە دەرىجىسىنى باھالاپ بېكىتىش بويىچە تەكشۈرۈش ۋە قايتا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، «36129» قىسىم ھەربىي تەلىم - تەربىيەدە 1 - دەرىجىلىك ئورنىنى ساقلاپ قالدى، «36106» قىسىم ھەربىي تەلىم - تەربىيەدە 2 - دەرىجىلىك ئورۇندىن 1 - دەرىجىلىك ئورۇنغا ئۆستۈرۈلدى، باشقا ئورۇنلار ھەربىي تەلىم - تەربىيەدە 2 - دەرىجىلىك ئورنىنى ساقلاپ قالدى.

دەي خۇڭبىڭ، ۋاڭ شاۋخۇا

## برونېۋىك قىسىملىرى خىزمىتى

شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا قاراشلىق «36178» قىسىم 1999 - يىل 1 - ئايدىن 3 - ئايغىچە ئۆگەتكۈچىلەرنى تەربىيىلەش بويىچە 2 قارار كۇرس ئېچىپ كادىرلار، تايانچىلاردىن 41 كىشىنى تەربىيىلىدى. 3 - ئايدا ھەربىي رايون

بىرونېۋىك قىسىملىرى 249 كەسپىي تېخنىكا تايانچىنى تاللاپ، لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ تانكا شوپۇرلىرى تۈەنىگە ئەۋەتىپ 7 ئاي تەربىيىلىدى. «36127»، «36211» قىسىملار 4 - ئايدىن 10 - ئايغىچە يېڭى بىرونېۋىك شوپۇرلىرىنىڭ 7 ئايلىق كۇرسىنى ئېچىپ، 143 بىرونېۋىك شوپۇرىنى تەربىيىلىدى. «36110» قىسىم 8 خىل يېڭى قورال - جابدۇقنى ئىشلىتىش بويىچە 8 قارار تايانچ كادىرلار كۇرسى ئاچتى، ھەمدە يېڭى قورال - جابدۇقلارنى ئىشلەپچىقارغان زاۋۇتلارنىڭ يېڭى قورال - جابدۇقلار ئىقتىدارىنى سىنىغان پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، يېڭى قورال - جابدۇق رېمونتچىلىرىنىڭ 2 ئايلىق كۇرسىنى ئېچىپ، ھەرخىل خادىمدىن 680 نى تەربىيىلىدى. لەنجۇ ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونلىرىنىڭ ئەسكىرىي تۈر ئورگانلىرى بىرلەشمە خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، 5 - ئايدىن 6 - ئايغىچە «36110» قىسىمدا تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بەردى. 7 - ئاينىڭ باشلىرىدا بىرونېۋىك قىسىملىرىنىڭ 6 تۈرلۈك پەن - تېخنىكا جەھەتتە تەربىيىلەش ئۇسۇلى، 5 خىل يېڭىلىغان ئەسۋابى، 4 كۆپ ۋاستىلىك دەرس دېتالى ھەربىي رايوننىڭ ئەسكەرلەرنى پەن - تېخنىكا جەھەتتە تەربىيىلەش بويىچە نەق مەيدان كۆرىكىگە قاتناشتۇرۇلۇپ كۆرگەزمە قىلىندى. 8 - ئايدىن 10 - ئايغىچە ھەربىي رايوننىڭ ئەسكىرىي تۈرلەر ئورگىنى قىسىم يوللىغان 107 تانكا - بىرونېۋىك شوپۇرىنى تېخنىكا دەرىجىسى بويىچە سىنىدى، بۇنىڭ ئىچىدە 41 كىشى 1 - دەرىجىلىككە، 17 كىشى ئالاھىدە دەرىجىلىككە ئېرىشتى. شۇ يىل ئىچىدە بىرونېۋىك قىسىملىرى يەككە تانكىدىن تۈەنگىچە بولغان ھەرخىل تاكتىكىلىق تەلىم - تەربىيە تۈرلىرىنى تاماملاپ بولدى. 8 - ئايدا «36110» ۋە «36127» قىسىملار «غەربىي قىسىم — 99» ئۇرۇش مانېۋىرىغا قاتناشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 20 نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالە يېزىلدى، بۇنىڭ بىرى مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە بولۇپ باھالاندى. باش شتاب، لەنجۇ ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونلىرى بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، 9 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە، «36110» قىسىمنىڭ جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل ئۇرۇش قىلغۇچى زاپاس دېجورنى ئۆلچەمگە يېتىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى، ئۇنىڭ نەتىجىسى ئەلا بولدى. لەنجۇ ھەربىي رايونى 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگە قەدەر ئەسكەرلەرنى پەن - تېخنىكا جەھەتتە مەشىق قىلدۇرۇش مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۆرىكى شۇنداقلا 4 دەرىجىلىك مەسئۇل ھەربىي باشلىقلار كۇرسى ئاچتى. شىنجاڭ ھەربىي رايونى بىرونېۋىك قىسىملىرىنىڭ 3 ئەمەلىي ماھارەت كۆرسىتىش دەرسى، 11 يېڭىلانغان 11 ئەسۋابى كۆپ ۋاستىلىك 8 دەرس دېتالى كۆرگەزمە قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەمەلىي ماھارەت كۆرسىتىش تۈرىدىن بىرى ۋە يېڭىلانغان ئەسۋابتىن 2 سى باش شتاب رەھبەرلىرىگە دوكلات قىلىش يۈزىسىدىن كۆرسىتىلدى. يىللىق تەلىم - تەربىيە ئاخىرلىشىشتىن بۇرۇن، ھەربىي رايون ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئەسكىرىي تۈر ئورگانلىرى ئۆزىگە قاراشلىق بىرونېۋىك قىسىملىرىنى ھەربىي تەلىم - تەربىيە دەرىجىسىنى باھالاپ بېكىتىش بويىچە تەكشۈردى ۋە قايتا تەكشۈردى، «36146» قىسىم بىلەن «36178» قىسىم ھەربىي تەلىم - تەربىيەدە 1 - دەرىجىلىك ئورۇنلۇقنى ساقلاپ قالدى، باشقا قىسىملار ھەربىي تەلىم - تەربىيەدە 2 - دەرىجىلىك ئورۇنلۇقنى ساقلاپ قالدى.

دېي خۇڭبىڭ، ۋاڭ شاۋخۇا

## قۇرۇلۇش قىسىملىرى خىزمىتى

شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ قۇرۇلۇش (شۆبە) قىسمى 1999 - يىل 4 - ئايدا 28 ماشىنا مەشغۇلاتچىسىنى لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ قۇرۇلۇش قىسىملىرى تېخنىكىلىق تەلىم - تەربىيە چوڭ ئەترىتىگە ئەۋەتىپ، 6 ئاي تەربىيىلىدى. مۇشۇ يىل ئىچىدە «36007» قىسىم ھەرخىل يىغىپ تەربىيىلەش كۇرسىدىن 4 قارار ئېچىپ، ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمىدىن 350 نەچچىنى تەربىيىلىدى. 5 -، 6 - ئايلاردا، لەنجۇ ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونلىرىنىڭ ئەسكىرىي تۈر ئورگانلىرى «36101» قىسىمغا قاراشلىق قۇرۇلۇش شۆبە قىسىملىرىغا نۇقتىدا تۇرۇپ ياردەم بەردى. 7 - ئاينىڭ باشلىرىدا، ھەربىي رايون «36007» قىسىمدا ئەسكەرلەرنى پەن - تېخنىكا جەھەتتە مەشىق قىلدۇرۇش بويىچە نەق مەيدان كۆرىكى ئۆتكۈزدى. ھەربىي رايون قۇرۇلۇش قىسمى (شۆبە قىسىملىرى) دىن 7 تۈرلۈك يېڭىلانغان سايمان كۆرگەزمە قىلىندى. 8 - ئايدا، «36007» ۋە «36171» قىسىمغا بىۋاستە قاراشلىق قۇرۇلۇش شۆبە قىسىملىرى «غەرب — 99» ئۇرۇش مانېۋىرىغا قاتناشتى. باش شتاب، لەنجۇ ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونلىرى بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئۇيۇشتۇرۇپ، 9 - ئاينىڭ 22 — 27 - كۈنىگىچە «36101» قىسىمغا بىۋاستە قاراشلىق قۇرۇلۇش شۆبە قىسمىنىڭ جىددىي ئەھۋالدا تاقابىل تۇرغۇچى زاپاس دېجورنى قىسىم ئۆلچىمىگە يېتىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى، تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئەلا بولۇپ، قىسىم تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئوڭۇشلۇق ئۆتتى. لەنجۇ ھەربىي رايونى 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگىچە ئەسكەرلەرنى پەن - تېخنىكا جەھەتتە مەشىق قىلدۇرۇش مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۆرىكى ۋە 4 دەرىجىلىك مەسئۇل ھەربىي باشلىقلار كۇرسى ئاچتى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى قۇرۇلۇش قىسمى (شۆبە قىسىملىرى) نىڭ بىر ئەمەلىي ماھارەت

كۆرستىش تۈرى، 12 يېڭىلانغان سايمىنى، 2 كۆپ ۋاستىلىك دەرس دېتالى كۆرگەزمە قىلىندى. شۇ يىلى قۇرۇلۇش قىسىملىرىنىڭ 6 پارچە ئىلمىي ماقالىسى «ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» غا كىرگۈزۈلدى. يىللىق ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئاخىرلىشىشتىن ئىلگىرى، ھەربىي رايون ئەسكىرىي تۈر ئورگىنى باش شتاب ۋە لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ ھاۋالىسىگە بىنائەن، ھەربىي تەلىم - تەربىيەدە 1 - دەرىجىلىك ئورۇن دېگەن نامىنى ساقلاپ كەلگەن «36007» قىسىمنى قايتا تەكشۈرۈپ، بۇ قىسىمنىڭ ھەربىي تەلىم - تەربىيەدە 1 - دەرىجىلىك ئورۇن دېگەن نامنى ساقلاپ قېلىشقا مۇناسىپ شەرتلەرنى ھازىرلىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. شۇ يىل ئىچىدە، باش شتاب چۈشۈرگەن «دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشلىرىنى ئارمىيە - خەلق بىرلىكتە باشقۇرۇشنى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈشتە، ئەلا نەتىجە يارىتىش پائالىيىتىنى يولغا قويۇش چارىسى» گە ئاساسەن، «36141»، «36171»، «36330»، «36328» قىسىمنىڭ ۋە ئىلى شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ ئارمىيە - خەلق بىرلىكتە باشقۇرۇش ئەھۋالى ۋە قۇرۇلۇشنى ئاسراش - باشقۇرۇش سۈپىتى نۇقتىلىق تەكشۈرۈلۈپ، باھالاپ بېكىتىلدى. ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە «36171» قىسىم باش شتاب تەرىپىدىن دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشنى ئارمىيە - خەلق بىرلىكتە باشقۇرۇشتىكى ئىلغار ئورۇن، جۇ ئېنلياڭ، تۇ دېيۇڭلەر ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى. ئاپتونوم رايوندىكى چېگرا مۇداپىئە قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە ئاسراش - باشقۇرۇلۇش ئەھۋالى تەكشۈرۈلۈپ، چېگرا قاراۋۇلخانىلىرى ۋە قوغدىنىش قۇرۇلۇشلىرىنى رېمونت قىلىش - ئۆزگەرتىش پىلانى تۈزۈپ چىقىلدى؛ 2 جايغا سېلىنىدىغان ئىسسىق قاراۋۇلخانا ئورنىنى ئۆلچەپ بېكىتىش ۋە لايىھىلەش ۋەزىپىسىنى تاماملاشقا يېتەكچىلىك قىلىندى، بىر چېگرا مۇداپىئە قاراۋۇلخانىسىنىڭ قۇرۇلۇشى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى؛ پاسسىپ تىپلىق قوياش ئېنېرگىيىسى ئارقىلىق ئىسسىتىش ئىلمىي تەتقىقاتى تۈر قىلىپ تۇرغۇزۇلدى.

دېي خۇڭبىڭ، ۋاڭ شاۋخۇا

## خىمىيۇى قوراللاردىن مۇداپىئە كۆرگۈچى قىسىملار خىزمىتى

لەنجۇ ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونلىرىنىڭ ئەسكىرىي تۈر ئورگانلىرى 1999 - يىل 5 — 6 - ئايلاردا «36101» قىسىمغا قاراشلىق خىمىيۇى قوراللاردىن مۇداپىئە كۆرگۈچى شۆبە قىسىمنى تەكشۈردى ۋە ئۇنىڭ قۇرۇلۇشىغا نۇقتىدا تۇرۇپ ياردەم بەردى. ھەربىي رايون 7 - ئاينىڭ باشلىرىدا «36007» قىسىمدا ئەسكەرلەرنى پەن - تېخنىكا جەھەتتە مەشىق قىلدۇرۇش بويىچە نەق مەيدان كۆرۈنكى ئۆتكۈزدى، ھەربىي رايوننىڭ خىمىيۇى قوراللاردىن مۇداپىئە كۆرگۈچى شۆبە قىسمى 2 تۈرلۈك يېڭىلانغان سايمانىنى كۆرگەزمە قىلدى. 8 - ئايدا «36042» قىسىم «غەربىي قىسىم — 99» ئۇرۇش مانېۋىرىغا قاتناشتى. باش شتاب ئەسكىرىي تۈرلەر بۆلۈمى، لەنجۇ ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونلىرى بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئۇيۇشتۇرۇپ، 8 - ئاينىڭ 23 — 28 - كۈنىگىچە «36224» ۋە «36129» قىسىملارنىڭ ئومۇمىي مۇداپىئە ئىقتىدارىنى باھالىدى، باھالاشتا ئۇلارنىڭ نەتىجىسى ئەلا بولدى. بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى 9 - ئاينىڭ 22 — 27 - كۈنىگىچە «36101» قىسىمغا قاراشلىق خىمىيۇى قوراللاردىن مۇداپىئە كۆرگۈچى شۆبە قىسىمنىڭ جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرغۇچى زاپاس دېجورنى قىسىم ئۆلچەمگە يېتىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى، تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئەلا بولدى. لەنجۇ ھەربىي رايونى 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگىچە ئەسكەرلەرنى پەن - تېخنىكا جەھەتتە مەشىق قىلدۇرۇش مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۆرۈنكى ۋە 4 دەرىجىلىك مەسئۇل ھەربىي باشلىقلار كۇرسى ئاچتى. شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ «36042» ۋە «36171» قىسىملىرىنىڭ بىردىن يېڭىلانغان سايمىنى كۆرگەزمە قىلىندى. شۇ يىلى خىمىيۇى قوراللاردىن مۇداپىئە كۆرگۈچى قىسىم بىرلەشمە ئۇرۇشلاردا تۇتەك پەيدا قىلىپ ياردەم بېرىش، چېگرىدىكى قايتۇرما زەربە بېرىش جېڭىدە خىمىيۇى قوراللاردىن مۇداپىئە كۆرۈشنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە يادرو ئۇرۇشى - خىمىيۇى ئۇرۇش شارائىتىدا جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇپ يارىدارلارنى قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى گەۋدىلەندۈردى، بىر پارچە ئىلمىي ماقالە ئارمىيە بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتۇرۇلدى ھەمدە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

دېي خۇڭبىڭ، ۋاڭ شاۋخۇا

## ئالاقە خىزمىتى

**ئۇرۇش تەييارلىقى ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىش** 1999 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ئالاقە قىسمى (شۆبە قىسىملىرى) كۆپ خىل ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، باش شتاب ۋە 2 دەرىجىلىك ھەربىي رايون رەھبەرلىرىنىڭ قىسىملارنى كۆزدىن كەچۈرۈش، «غەرب — 99» مانېۋىرى، ھەربىي رايوننىڭ ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى يىغىپ تەربىيىلەش، ھەربىي رايوننىڭ پارات ئۆتكۈزۈشى شۇنداقلا «7 — 865»، «1 — 531»، «921» قۇرۇلۇشلىرى قاتارلىق چوڭ - چوڭ ۋەزىپىلىرىنىڭ خەۋەر ئالاقە كاپالىتى خىزمىتىنى ئوڭۇشلۇق تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

**بىناكارلىق قۇرۇلۇشى** ئۈرۈمچى رايونىدا جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە ئالاقە ستېپىسى يېڭىدىن قۇرۇلۇپ، ئۈرۈمچى رايونىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش جەھەتتىكى خەۋەر - ئالاقە ئېھتىياجى ئاساسىي جەھەتتىن قاندۇرۇلدى. كۇيتۇڭلىق كابېل لىنىيىسىدىن 2 سى يېڭىدىن قۇرۇلۇپ، جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرغۇچى قىسىملارنىڭ رەقەملىك ئالاقىنى يولغا قويۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى. ھەربىي رايون 1 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىپ ئالتاي شۆبە ھەربىي رايونى، «36009»، «36018» قىسىملارنىڭ قاتتىق دېتال قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ھەربىي رايون سۇنئىي ھەمراھ ئالاقىسى مەركىزىي پونكىت دېجورنىلىقى، كۆزۈن بوللۇق غول لىنىيە ۋە چېگرا مۇداپىئە ئالاقىسى دېجورنىلىقى بويىچە ئاسراش، باشقۇرۇشنى مۇنتىزىملاشتۇردى. مۇشۇ يىلدا 10 چېگرا مۇداپىئە سۇنئىي ھەمراھ پونكىتىنىڭ قۇياش ئېنېرگىيە ئۈسكۈنىسى قۇراشتۇرۇلۇپ، چېگرا مۇداپىئە سۇنئىي ھەمراھ ئۈسكۈنىلىرىنى توك بىلەن تەمىنلەش مەسىلىسى ھەل قىلىنىپ، چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ ئالاقە ئىشلىرىنىڭ راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى. شى (لۇي) دەرىجىلىك ئۇرۇش قىلغۇچى قىسىملارنىڭ ئادەم كۈچى تېلېفون كوممۇتاتورىنى ئەقلىي فۇنكسىيىلەشتۇرۇش ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك ئۇرۇش قىلغۇچى قىسىملارنىڭ تېلېفون كوممۇتاتورىنى پروگراممىلاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى؛ ھەربىي رايون، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ۋە ھەرقايسى دالا ئۇرۇشى شىلىرىنىڭ تېلېۋىزىيە يىغىنى ئۈسكۈنىلىرىنى قۇراشتۇرۇش ۋەزىپىسى تاماملىنىپ، شى دەرىجىلىك ئۇرۇش قىلغۇچى قىسىملارنىڭ تېلېفون يىغىنىنى تېلېۋىزىيىلەشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

ئەسكەرلەرنى پەن - تېخنىكا جەھەتتە مەشىق قىلدۇرۇش ئالاقە قىسمى شىنجاڭ ھەربىي رايونى ۋە لەنجۇ ھەربىي رايونى ئۆتكۈزگەن ئەسكەرلەرنى پەن - تېخنىكا جەھەتتە مەشىق قىلدۇرۇش مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە تېخنىكا يېڭىلاش كۆرگەزمىسىگە قاتناشتى، ئالاقە كەسپى بويىچە 11 تۈر چوڭ - كىچىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە «36141» قىسىمنىڭ «دالا ئۇرۇشى شارائىتىدىكى سانلىق مەلۇمات ئالاقە تورى» 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 9 - ئايدا، قىسىم لەنجۇ ھەربىي رايونى ئۇيۇشتۇرغان ئالاقە كەسپىدە ئەسكەرلەرنى پەن - تېخنىكا جەھەتتە مەشىق قىلدۇرۇش ماھىرلىرىنىڭ ماھارەت سىنىقى بويىچە تاللاش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، 3 تۈردە 1 -، 2 تۈردە 2 -، 4 تۈردە 3 - بولدى. 5 كىشى لەنجۇ ھەربىي رايونىغا ۋەكىل بولۇپ ئارمىيە بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىگە قاتنىشىپ، 4 ئىسمىلىك تەركىبىگە كىردى. مۇشۇ يىلدا 32 پارچە ئىلمىي ماقالە يېزىپ چىقىلدى. ھەربىي رايون ئالاقە باشقارمىسى ئۆتكەن 15 يىل باش شتاب تەرىپىدىن ئىلمىي تەتقىقاتتا ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى، سۇلاڭ فۇباۋ، جاڭ خۇەنگولار باش شتاب تەرىپىدىن شەخسلەر 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا باھالاندى. لەنجۇ ھەربىي رايونىدا ئۇيۇشتۇرۇلغان ئەسكەرلەرنى پەن - تېخنىكا جەھەتتە مەشىق قىلدۇرۇش تەزەربىيە مۇھاكىمە پائالىيىتىدە، ھەربىي رايوننىڭ 4 پارچە ئىلمىي ماقالىسى مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئالاقە قىسمى (شۆبە قىسىملىرى) لىرىنىڭ ھەربىي تەلىم - تەربىيە دەرىجىسىنى باھالاپ بېكىتىش - سىناش ۋە ئالاقىلىشىش ئىقتىدارىنى باھالاش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇلدى. پىيادە ئەسكەرلەر «36141»، «36171» قىسىملىرىنىڭ ئالاقە يىغىلىرى، ئالتاي شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ ئالاقە پونكىتى ۋە «36351» قىسىملار ھەربىي تەلىم - تەربىيىدە 1 - دەرىجىلىك يىلڭ (پونكىت) بولۇپ باھالاندى. «36012» قىسىم لەنجۇ ھەربىي رايونى تەرىپىدىن ھەربىي تەلىم - تەربىيىدە 1 - دەرىجىلىك ئورۇن بولۇپ باھالاندى. تۆۋەن دەرىجىلىك 9 كوماندىر ھەربىي رايون تەرىپىدىن ھەربىي تەلىم - تەربىيىدە مۇنەۋۋەر شەخس بولۇپ باھالاندى.

**قوماندانلىقنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى** پىيادە ئەسكەرلەر «36101»، «36171»، «36431» قىسىملىرى ۋە سانجى شۆبە ھەربىي رايونى قاتارلىق ئورۇنلار ئۆزلىرى مەبلەغ توپلاپ شۇ دەرىجىلىك ئىدارە تورى قۇردى. ھەربىي رايون ئورگىنىنىڭ ئىدارە تورى قۇرۇلۇشىغا 5 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنىپ، قوماندانلىق شتاب، سىياسىي بۆلۈم، بىرلەشمە ۋەزىپە ئىجرا قىلىش بۆلۈمى، قورال - جابدۇق بۆلۈمى بىر گەۋدە قىلىنغان 1000 مېگا/100 مېگالىق يۇقىرى سۈرئەتلىك ئىدارە تورى شەكىللەندۈرۈلدى.

**قورال - جابدۇق باشقۇرۇش** 1999 - يىلى باش قورال - جابدۇق بۆلۈمى «36101»، «36012» قىسىملارنىڭ قورال - جابدۇق باشقۇرۇشنى «ئۈچلەشتۈرۈش» ئۆلچىمىگە يېتىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى، تەكشۈرۈلگەن 9 خىل قورال - جابدۇق ئىچىدە ھەربىي رايوننىڭ ئالاقە قورال - سايمانلىرى 1 - بولۇپ باھالاندى. باش شتاب ۋە زاۋۇتنىڭ تەلىپىگە بىنائەن، 92 تۈرلۈك ئالاقە قورال - سايمىنىنىڭ سۈپىتىنىڭ ئىشەنچلىكلىكى ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈلدى. قىسىملارغا قورال - جابدۇقلارنى رېمونت قىلىش سايمىنى ۋە ئۆلچەش ئەسۋابلىرىنى سەپلەش ئۈچۈن 2 مىليون 600 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ بېرىلدى. تېخنىكا يېڭىلاش يېڭى تۈرىدىن 3 ى ئورۇندالدى، بۇنىڭ بىرى 3 - دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. زاۋۇتلارنى ئۇيۇشتۇرۇش ۋە ماسلاشتۇرۇش ئارقىلىق ھەربىي رايون

قىسىملىرىنىڭ 23 دىزېلماتورى چوڭ رېمونت قىلىندى، 58 ئالاقە ئاپتوموبىلى چوڭ رېمونت قىلىندى ۋە تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىندى، تۈرلۈك رادىسىيدىن 20 نەچچىسى رېمونت قىلىندى.

خۇاڭ گولياڭ، ۋۇ شىنيى

## قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئاۋىئاتسىيە قىسمىنىڭ خىزمىتى

**ئۇچۇش تەلىم - تەربىيىسى** 1999 - يىلى شىنجاڭ هەربىي رايونىنىڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئاۋىئاتسىيە قىسمى يىللىق ئۇچۇش ۋاقىت كۆرسەتكۈچىنى %110 ئورۇندىدى. بىر يىلدا باش ئەترەتنىڭ 2 خىل هاۋارايى شارائىتى كوماندىرىدىن 8 ى، 2 خىل هاۋارايى شارائىتى ئوقۇتقۇچىسىدىن 6 سى تەربىيىلەندى، 5 ئوقۇتقۇچى 3 خىل هاۋارايى شارائىتى ئوقۇتقۇچىلىقىغا ئۆستۈرۈلدى. 9 ئۇچقۇچىنىڭ 3 تېزىسلىق تاكتىكا دەرسى تەلىم - تەربىيىسى تاماملاندى. بۇ قىسىم باش شتاب قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئاۋىئاتسىيە ئىدارىسى ئۇيۇشتۇرغان يىللىق هەربىي تەلىم - تەربىيە سىنىقىدا ۋە دەرىجە بېكىتىشتە 93.7 نومۇرغا ئېرىشىپ، هەربىي تەلىم - تەربىيىدە 1 - دەرىجىلىك تۇغ ئۆلچىمىگە يەتتى.

**ئۇچۇش ۋەزىپىسى** بۇ قىسىم مۇشۇ يىلدا 26 قېتىم ئۇچۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، 376 سائەت 21 مىنۇت، 527 ئايروپىلان (قېتىم) ئۇچتى. 9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى خىزمەت گۇرۇپپىسىنى باشلاپ جەنۇبىي شىنجاڭغا تەكشۈرۈشكە ماڭغاندا يىكاپ ئۆرۈلۈپ كېتىش هادىسىسىگە ئۇچرىدى. تىك ئۇچار ئايروپىلان قۇتقۇزۇش بۇيرۇقى چۈشكەن هامان جىددىي قوزغالدى، هاۋارايى شارائىتى مۇرەككەپ، ئۇچۇش قىيىنچىلىقى ئېغىر بولغان ئەهۋالدا، ئايروپىلان خادىملىرى بىر نىيەتتە تەڭ كۈچ چىقىرىپ ۋەزىپىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنداپ، ئاپتونوم رايون رەهبەرلىرىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى.

**ئايروپىلان ئىشلىرى خىزمىتى** مۇشۇ يىلدا ئايروپىلاننىڭ چوڭراق زاپچىسىدىن 12 سى (قېتىم) چۈۋۈپ قۇراشتۇرۇلدى ۋە ئالماشتۇرۇلدى، بىرقەدەر چوڭ هەم قىيىن كاشىلىدىن 115 ى بىرتەرەپ قىلىندى، 3 تىك ئۇچار ئايروپىلان رېمونتقا بېرىلدى، 21 هەرخىل ئايروپىلان (قېتىم) قەرەللىك تەكشۈرۈلدى، 5 تىك ئۇچار ئايروپىلان (قېتىم) نىڭ ئۆمرى ئۇزارتىلدى ۋە ئەسلىھەلىرى تولۇقلاندى، تېخنىكىلىق مەلۇماتتىن 6 سى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، ئاسامىلىق ۋە قوشۇمچە دېتال ۋە ئۆلچىگۈچ ئەسۋابتىن 86 سى رېمونت قىلىندى، ئاۋىئاتسىيە ماتېرىياللىرىنىڭ تاپشۇرۇۋېلىنىش - ئەۋەتىلىش ۋە ماتېرىياللارنىڭ هېسابقا قوندۇرۇلۇشىنىڭ توغرىلىق نىسبىتى %100 بولدى. مۇشۇ يىلدا تىك ئۇچار ئايروپىلانلارنىڭ ساق تۇرۇش نىسبىتى %85 تىن يۇقىرى بولدى.

**تۇرۇش تەييارلىقى ۋەزىپىسى ئۆتەش كاپالىتى** مۇشۇ يىلدا تېخنىكا مۇلازىمىتى ۋە ئارقا سەپ تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلغۇچى شۆبە قىسىملار 160 مەيدان (قېتىم)، 8137 ئايروپىلان (قېتىم) ئۇچۇشقا كاپالەتلىك قىلدى، تاشقى مەيدان كاپالىتى 664 سائەت 45 مىنۇت بولدى، ئۇچۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ئاپتوموبىلىدىن 1606 (قېتىم) نى چىقاردى، ئەلا سۈپەتلىك مەيدان (قېتىم) نىسبىتى %100 كە يەتتى.

ۋاڭ يۈ

## برونېۋىك قىسىملىرىنىڭ تېخنىكا خىزمىتى

**كەسپىي خىزمەت** 1999 - يىلى هەربىي رايوننىڭ برونېۋىك جابدۇقلىرىنى كۈندىلىك باشقۇرۇش ۋە پەسىللىك ئالماشتۇرۇش خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى ۋە يېتەكلەندى. هەربىي رايوننىڭ 2010 - يىلغىچە بولغان مەزگىلدىكى ۋە 10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى برونېۋىك جابدۇقلىرىنىڭ تەرەققىيات پىلانى ۋە بۇ هەقتىكى تەكلىپ تۈزۈپ چىقىلدى. لەنجۇ هەربىي رايونىنىڭ برونېۋىك جابدۇقلىرى تەشكىلاتىغا هەمكارلىشىپ، برونېۋىك جابدۇقلىرى بويىچە تېخنىكا يىگىلاش مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى باهالاپ بېكىتىش يىغىنى ئېچىلدى ھەمدە «2 — 63 برونېۋىك ئۈنىۋېرسال مەشىقى تەقلىدىي برونېۋىكى» قاتارلىق 6 تۈرلۈك تېخنىكا يىگىلاش مۇۋەپپەقىيىتى ماقۇللاندى. هەربىي رايون برونېۋىك قىسىملىرىنىڭ جابدۇق تېخنىكىسىغا ئائىت 3 چوڭ كەسىپ بويىچە تەكشۈرۈش ۋە باهالاش ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، 135 دانە (قېتىم) برونېۋىك جابدۇقى نۇسخا ئېلىپ تەكشۈرۈلدى؛ 4 -، 5 - دەرىجىلىك تانكا رېمونتچىسى ۋە ئامبارچىدىن 117سى باهالاندى؛ ئۆلچەملىك تانكا يىگىدىن 4 ى، ئۆلچەملىك تانكا لېيەنىدىن 5 ى 1999 - يىللىق تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا لاياقەتلىك بولدى؛ 34 كىشى 4 - دەرىجىلىك تانكا رېمونتچىلىقىغا، 77 كىشى 5 - دەرىجىلىك تانكا رېمونتچىلىقىغا، 3 كىشى 3 - دەرىجىلىك قورال - سايمان ئامبارچىلىقىغا، 3 كىشى 4 - دەرىجىلىك قورال - سايمان ئامبارچىلىقىغا ئىمتىھان بېرىپ ئۆتتى. مۇشۇ يىلدا برونېۋىك جابدۇقىدىن 8 ى چوڭ رېمونت، 12 سى ئوتتۇراھال رېمونت قىلىندى. تېخنىك كادىر، تانكا شوپۇرى، رېمونتچى قاتارلىقلاردىن 126 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى. باش قورال - جابدۇق بۆلۈمى ئورگىنى، تەتقىقات ئورنى قاتارلىق ئورۇنلارنى

ماسلاشتۇرۇش ئارقىلىق، ھەربىي رايوننىڭ تانكىلارنى قوتقۇزۇشتا ئىشلىتىلىدىغان 84 تىپلىق تانكا سۆرىگۈچى ماشىنىسىدىن 15 ى ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇلدى. 1000 تۇردىن ئارتۇق، 40 مىڭ داندىن كۆپرەك، قىممىتى 2 مىليون 920 مىڭ يۈەنلىك قورال - سايمان تەييارلاندى؛ قىسىملار 900 تۈردىن ئارتۇق، 20 مىڭ داندىن كۆپرەك، قىممىتى 1 مىليون 860 مىڭ يۈەنلىك قورال - سايمان بىلەن تەمىنلەندى.

يېڭى قورال - جابدۇق كاپالىتى باش قورال - جابدۇق بۆلۈمى ئورگىنى، تەتقىقات ئورگىنى، زاۋۇت قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىكى تېخنىك خادىملاردىن 5 تۈركۈمدە 80 نەچچە ئادەم شىنجاڭغا كېلىپ، يېڭى قورال - جابدۇقلارنى رېمونت قىلدى، جەمئىي 500 نەچچە كۈن سەرپ قىلدى، بۇنىڭ بىلەن يېڭى قورال - جابدۇقلارنىڭ ساق، تەييار تۇرۇش نىسبىتى ئاشتى. مەلۇم تانكا تۈەنىنىڭ 30 دانە مەشىق تانكىسىنىڭ ھاۋا سۈزگۈچى ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇلدى، ھەمدە يېڭى قورال - جابدۇقلارغا ئىشلىتىلىدىغان مەخسۇس مايىنى تەجرىبە قىلىش ۋەزىپىسى تاماملاندى؛ زاۋۇتنىڭ تېخنىك خادىملىرىنى ماسلاشتۇرۇش ئارقىلىق، مەلۇم تۈەن بروئېۋىكلىرىنىڭ قورال - جابدۇق كونترول سىستېمىسىنى ياخشىلاش ۋەزىپىسى تاماملاندى؛ 600 تۈردىن ئارتۇق، 20 مىڭ داندىن كۆپرەك، قىممىتى 1 مىليون 860 مىڭ يۈەنلىك يېڭى قورال - جابدۇق تەييارلاندى؛ ھەربىي رايون تانكا رېمونتچىلىقى يىغىنىنىڭ يېڭى تىپلىق تانكىسى ۋە پىيادە ئەسكەرلەر جەڭ ماشىنىسىنى سىناق تەرىقىسىدە ئوتتۇراھال رېمونت قىلىشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە نەزەرىيە جەھەتتىن دەلىللەش خىزمىتى تاماملاندى.

لى شەنخې، يۈەن چاڭفۇ

## چېگرا مۇداپىئە خىزمىتى

ئۆزۈش تەييارلىقى بويىچە ۋەزىپە ئىجرا قىلىش 1999 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى 18 مىڭ 200 قېتىمدىن كۆپرەك تۇرلۇك ۋەزىپە ئىجرا قىلىپ، 500 مىڭ كىلومېتىردىن كۆپرەك يول يۈردى. يىل ئاخىرىدا 4 تۈەن ھەربىي رايون تەرىپىدىن 1999 - يىللىق چېگرا مۇداپىئە ۋەزىپىسى ئىجرا قىلىشتىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

چېگرا باشقۇرۇش 1999 - يىلى چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى تەدبىر قوللىنىپ چېگرا باشقۇرۇش ۋە تىزگىنلەشنى كۈچەيتتى. ئىككى تەرەپتىن 39 قېتىمدا چېگرىدىن ئۆتكەن 60 نەچچە ئادەم - قېتىم (قارشى تەرەپ 33 قېتىمدا چېگرىدىن ئۆتكەن 51 جۇڭگولۇقنى ئاشكارا قايتۇرۇپ بەردى) نى، ئىككى تەرەپتىن چېگرىدىن ئۆتكەن 750 چارۋا - مالنى بىرتەرەپ قىلدى؛ 535 قېتىمدا چېگرىغا يېقىنلاشقان 2479 ئادەم (قېتىم) نى نەسىھەت بىلەن قايتۇردى، 657 قېتىمدا چېگرىغا يېقىنلاشقان 48 مىڭ 626 تۇياق چارۋا - مالنى توسۇپ قالدى، بۇنىڭ بىلەن دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغداپ، چېگرا رايوننىڭ ئامانلىقى ۋە مۇقىملىقىنى ساقلىدى.

چەت ئەللەرگە چېتىلىدىغان چېگرا مۇداپىئە خىزمىتى شىنجاڭ ھەربىي رايونى 1999 - يىل 4 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن 5 - ئاينىڭ بېشىغىچە ئۈرۈمچىدە چېگرا مۇداپىئە سۆھبىتى - ئۇچرىشىشى خىزمىتى بويىچە سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. كېيىنكى يېرىم يىلدا چېگرا مۇداپىئەسىدىكى چەت ئەلگە چېتىشلىق خادىملار كۆرسىدىن 2 قارار (ھەربىرى 2 ئايلىقتىن) ئېچىپ، ھەربىي رايوننىڭ مەخسۇس سۆھبەت، ئۇچرىشىش خىزمىتى ئىشلەيدىغان خادىملىرىنى بىر قېتىم تەربىيىلەپ چىقتى. 1999 - يىلى چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ چېگرا سۆھبىتى - چېگرا ئۇچرىشىشى ئاپپاراتلىرى موڭغۇلىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، پاكىستان، ھىندىستاندىن ئىبارەت 6 دۆلەتنىڭ چەت ئەلگە چېتىلىدىغان چېگرا مۇداپىئە ئاپپاراتلىرى بىلەن 545 قېتىم سۆھبەتلەشتى ۋە ئۇچراشتى، بۇنىڭ ئىچىدە سۆھبەت 38 قېتىم بولدى، بۇ سۆھبەتلەر ئارقىلىق نۇرغۇن چېگرا ئىشلىرى مۇۋاپىق بىرتەرەپ قىلىنىپ ئەتراپتىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىناق قوشنىدارچىلىق - دوستلۇق مۇناسىۋىتى مۇستەھكەملەندى ۋە راۋاجلاندى.

چېگرا مۇداپىئەسى ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى شىنجاڭ ھەربىي رايونى 1999 - يىل 6 - ئايدا دۆلەت ئالدىنقى يىلى چۈشۈرگەن 236 كىلومېتىر ئاپتوموبىللىق چارلاش يولى، 143 كىلومېتىر پىيادە چارلاش يولى، 150 كىلومېتىر چېگرا سىم توسىقى ۋە بىر يۈرۈش نازارەت قىلىش - كونترول قىلىش ئەسلىھە قۇرۇلۇشى ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى، بۇلارغا 28 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدا بۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ ئۈنۈمۈرسال دەرىجىسى ئەلا بولدى.

يۈەن دېفۇ، شيا خۇي

## ھەربىي قورال - ياراغ خىزمىتى

شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە تەلىپىگە بىنائەن، 1999 - يىل 5 - ئاينىڭ بېشىدا 7 كۈن ئىچىدىلا «غەرب — 99» مانېۋىرىغا قاتنىشىدىغان قىسىملارنىڭ ئوق - دورىسىنى تەڭشەش ۋەزىپىسى تاماملاندى. مانېۋىر مەزگىلىدە 21 كىشىلىك تېخنىكىلىق كاپالەت شۆبە ئەترىتى قۇرۇلدى، بۇ ئەترەت مانېۋىر مەيدانىغا كىرىپ، تېخنىكىلىق كاپالەت خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى.

878 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 7324 - زاۋۇتنىڭ هەربىي قورال - ياراغ رېمونت مەركىزىگە 120 كۋادرات مېتىرلىق زاماسكىلاش سېخى سېلىپ بېرىلدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭ هەربىي رايونى رېمونتخانىسىنىڭ ئىش ئورنىنى كېڭەيتىش، توك يولىنى ئۆزگەرتىش ۋە يەرلىرىنى سېمونتلاش قاتارلىق ئىشلىرى تاماملاندى. هەربىي قورال - ياراغلارنى شىنجاڭنىڭ ئۆزىدىلا رېمونت قىلىش قوزۇلۇشىدا قوراشتۇرۇش ئەسلىھەلىرىنى ياخشىلاش - سەپلەش تەلىپى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى، لەنجۇ هەربىي رايونى تاپشۇرغان 3 خىل زەمبىرەكنى سىناق تەرىقىسىدە چوڭ رېمونت قىلىش ۋەزىپىسى تاماملاندى. 350 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ ئوق - دورا رېمونت قىلىش - سەپلەش باشقارمىسىنىڭ كېرەكسىز ئوق - دورىلارنى بىرتەرەپ قىلىش پونكىتىنىڭ هازىرقى ئەسلىھەلىرىنى چاقماقتىن، ئېلېكتىر ستاتىكتىن، يامغۇر ئۆتۈشتىن ساقلىنىش قاتارلىق 10 جەھەتتە رېمونت قىلىش - ياخشىلاش ۋەزىپىسى تاماملاندى. 410 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، قاغىلىق قورال - ياراغ ئامبىرى، قەشقەر يېڭىشەھەر قورال - ياراغ ئامبىرى قاتارلىق 10 قوزۇلۇش تاماملاندى.

مۇشۇ يىلدا 67 زەمبىرەك چوڭ، 6 زەمبىرەك ئوتتۇراھال رېمونت قىلىندى، 45 زەمبىرەك تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىندى، ئوپتىكىلىق سايماندىن 304 ى چوڭ رېمونت قىلىندى، چوڭ رېمونت قىلىنغان ياكى قىسمەن چوڭ رېمونت قىلىنغان رادار سايمىنى 9، ئوتتۇراھال رېمونت قىلىنغىنى 2، تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىنغىنى 7 بولۇپ، رېمونت قىلىپ يۈتتۈرۈشنىڭ بىر قېتىمدا لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %98 تىن يۇقىرى بولدى. 20 ئادەم (قېتىم)، 5 ئاپتوموبىل (قېتىم) ئاجرىتىلىپ، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى قىسىملارنىڭ باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئەسۋاب - جابدۇقىدىن 80 ى ئۆلچەپ چىقىلدى. 7324 - زاۋۇتنىڭ ئوپتىكىلىق ئەسۋاب رېمونت قىلىش تېخنىك خادىمىدىن 5 كىشى قوزۇلۇش ماشىنىسىدىن بىرنى ئېلىپ، هەر خىل ئوپتىكىلىق ئەسۋابتىن 305 نى رېمونت قىلدى، 57 تىپلىق زېنىت توپتىن 24 ى رېمونت قىلىپ ئاسرالدى. قىسىملارغا قىممىتى 146 مىڭ يۈەنلىك قورال - ياراغ رېمونت قىلىش سايمىنى بېرىلدى، رادار رېمونت قىلىش سايمىنىدىن 170 خىل، 2300 نەچچە دانە سايمان تارقىتىلدى.

هەربىي رايوننىڭ قورال - جابدۇقلارنى تەڭشەش پىلانىغا ئاساسەن، زاپاس قىسىملارغا 70 دانە زېنىت توپ سەپلەپ بېرىلدى ھەمدە يۇقىرىقى زەمبىرەكلەرنىڭ ماس قەدەملىك ئۇدارنىكى ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالى تېخنىكىلىق تەكشۈرۈلدى؛ ئالاقىدار تارماقلارغا باشچىلىق قىلىپ، هەربىي رايون 2 زاپاس قىسمىنىڭ قورال - جابدۇق باشقۇرۇش ئەھۋالى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىندى؛ تېخنىك خادىملار ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، «غەربىي قىسىم — 99» مانېۋىرىغا قاتناشقان خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ زېنىت توپلىرى سەييارە رېمونت قىلىندى، ئۇلار 18 زېنىت توپنى رېمونت قىلدى؛ قاراماي شۆبە هەربىي رايونىنىڭ 7 زېنىت توپىنى چوڭ رېمونت قىلىش، 40 زېنىت توپنى تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىش ۋەزىپىسى تاماملاندى؛ باش شتاب، مالىيە مىنىستىرلىكى بىرلەشمە خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ هەربىي رايون خەلق ئەسكەرلىرى قورال - جابدۇق ئامبىرىنىڭ قوزۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋەزىپىسى تاماملاندى.

300 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىنىپ، ئوق - دورا رېمونتچىلىق تەجرىبە پونكىتىنىڭ قاتتىق دېتال ئۈسكۈنىلىرى ياخشىلاندى، يۇمشاق دېتال قوزۇلۇشى كۈچەيتىلدى، 6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئوق - دورا رېمونتچىلىق تەجرىبە پونكىتىنىڭ كەسپىي قېلىپلاشتۇرۇش قوزۇلۇشى باش قورال - جابدۇق بۆلۈمىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

ليۇ فېڭلىن، سۇ تاۋ

## قوزۇلۇش قىسمى ۋە خىمىيىۋى قورال لاردىن مۇداپىئە كۆرۈش قىسمىنىڭ قورال - جابدۇق خىزمىتى

شىنجاڭ هەربىي رايونى 1999 - يىل 7 - ئايدا مەلۇم قوزۇلۇش ئەسكەرلىرى مەلۇم تۈەنىدە مەشىقنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق ياخشىلاش مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۆرگەزمىسى ۋە پارات پائالىيىتى ئۆتكۈزدى، بۇ تۈەننىڭ ۋە هەربىي رايوننىڭ خىمىيىۋى قوراللاردىن مۇداپىئە كۆرگۈچى مەلۇم قىسمىنىڭ 100 دىن ئارتۇق قوزۇلۇش ماشىنىسى ۋە خىمىيىۋى قوراللاردىن مۇداپىئە كۆرۈش تېخنىكىلىق ئاپتوموبىلى 5 چاسا ئەترەت بولۇپ پاراتتىن ئۆتتى. 8 - ئايدا مەلۇم قوزۇلۇش ئەسكەرلىرى تۈەنى، هەربىي رايوننىڭ خىمىيىۋى قوراللاردىن مۇداپىئە كۆرگۈچى مەلۇم قىسمى ۋە پىيادە ئەسكەرلەر مەلۇم شىنىڭ قوزۇلۇش ئەسكەرلىرى يىغى، خىمىيىۋى قوراللاردىن مۇداپىئە كۆرگۈچى ئەسكەرلەر ليەنى 200 دىن كۆپرەك قوزۇلۇش ماشىنىسى ۋە خىمىيىۋى قوراللاردىن مۇداپىئە كۆرۈش تېخنىكىلىق ماشىنىسىنى ئېلىپ، هەربىي رايون كورلا رايونىدا ئۆتكۈزگەن «غەرب — 99» بىرلەشمە ئۇرۇش مانېۋىرىغا قاتناشتى. 7454 - زاۋۇت، هەربىي رايوننىڭ خىمىيىۋى قوراللاردىن مۇداپىئە كۆرگۈچى مەلۇم قىسمى رېمونتخانىسى بىرلىكتە قوزۇلۇش قىسمى ۋە خىمىيىۋى قوراللاردىن مۇداپىئە كۆرۈش قىسمىنىڭ قورال -

جابدۇقلىرىغا كاپالەتلىك قىلىش شۆبە ئەترىتى تەشكىللەپ، «ئۆز ۋەتىنىگە ھەربىي كەتمەيدىغان كارىدور» ناملىق قوزغۇلۇش قىسمى ۋە خىمىيىۋى قوراللاردىن مۇداپىئە كۆرۈش قىسمى قورال - جابدۇقلىرى بىلەن تەمىنلەش، دالا ئۆز ۋەزىپىسى شارائىتىدا ئۆتكۈزۈش - رېمونت قىلىش دەرىسى بويىچە ماھارەت كۆرسەتتى.

1999 - يىلى ھەربىي رايون قورال - جابدۇق بۆلۈمىنىڭ باشلىقى لىي گۈاڭمىن خىزمەت گۇرۇپپىسىنى باشلاپ، بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت سەرپ قىلىپ، شى، تۆەن دەرىجىلىك 19 ئورۇننىڭ يەر ئاستىدا پارتلىتىش سايمانلىرىنىڭ بىخەتەر باشقۇرۇلۇش ئەھۋالىنى ئۇقتىلىق تەكشۈردى. 10 - ئايدا، لەنجۇ ھەربىي رايونى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ قوزغۇلۇش قىسمى، خىمىيىۋى قوراللاردىن مۇداپىئە كۆرۈش قىسمى قورال - جابدۇقلىرىنى باشقۇرۇشنى «ئۆچلەشتۈرۈش» ئۆلچىمىگە يەتكۈزۈش - ئەلا نەتىجە يارىتىش پائالىيىتىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى، ھەربىي رايوندىن 6 ئورۇن ئومۇمىي ئۆقتۇرۇش ئارقىلىق تەقدىرلەندى.

1999 - يىلى ھەربىي رايوننىڭ خىمىيىۋى قوراللاردىن مۇداپىئە كۆرۈشكە ئائىت 7 تۈرلۈك ئىلمىي تەتقىقات، تېخنىكا يېڭىلاش مۇۋەپپەقىيىتى ئارمىيە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. «FYC02 تىپلىق مۇنچا ئاپتوموبىلىنىڭ پار قازىنىنى رېمونت قىلىش - ئۆلچەشتە ئىشلىتىلىدىغان قوراشتۇرۇش - چۇۋۇش ماشىنىسى»، «سۇ چېچىش ماشىنىسىنى دالا ئۆز ۋەزىپىسى شارائىتىدا تېز رېمونت قىلىش ساندۇقى» باش قوراللاندۇرۇش بۆلۈمى تەرىپىدىن شىنجاڭ ھەربىي رايونىدا تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ھەمدە ئارمىيە بويىچە ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئىشلىتىلىدىغان بولدى.

يۇ شۇفۇ، جاڭ يەنبياۋ

## پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى

1999 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايون پارتكومى مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى جياڭ زېمىن ئوتتۇرىغا قويغان «كوللېكتىپ رەھبەرلىك قىلىش، دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈشنى يولغا قويۇش، ئايرىم مۇزاكىرە قىلىش، يىغىندا قارار قىلىش» فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، دېموكراتىيە، مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى دائىمىي قۇرۇلۇشنى ئۇقتىلىق تۇتتى. ھەربىي رايون پارتكومى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى خىزمەت تەقسىماتى بويىچە شى، لۈيدىن يۇقىرى پارتكوم بەنزىلىرىنى بىر - بىرلەپ سىناپ، ئۇلارنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بەردى، ئۇدا 3 يىللىق سىناش - ياردەم بېرىش ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك خۇلاسىلىدى ۋە ئانالىز قىلدى. پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 78 يىللىقىنى خاتىرىلەشكە بىرلەشتۈرۈپ، بىر تۈركۈم ئىلغار پارتىيە تەشكىلاتى، مۇنەۋۋەر پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىر ۋە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزالىرى تەقدىرلەندى ۋە تەقدىرلەشكە كۆرسىتىلدى. ۋېي چىڭرۇڭ، لى گۈاڭرىنلار باش سىياسىي بۆلۈم تەرىپىدىن تەقدىرلەندى. «36107» قىسىم، «36129» قىسىم، «36175» قىسىم پارتكوملىرى ۋە ۋېي چىڭرۇڭ، ۋاڭ يەنجىڭ، گاڭسەي (موڭغۇل) لار لەنجۇ ھەربىي رايونى پارتكومى تەرىپىدىن تەقدىرلەندى. شىنجاڭ ھەربىي رايونى پارتكومى 16 ئىلغار پارتكوم، 34 ئىلغار ئاساسىي قاتلام پارتىيە ياچېيكىسى ۋە 51 مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسىنى تەقدىرلىدى. ئۇلار: «36923» قىسىم پارتكومى، «36212» قىسىم پارتكومى، شىزاڭ زادا ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈم پارتكومى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 4 - شى خەلق قوراللىق بۆلۈم پارتكومى، «36146» قىسىم پارتكومى، «36912» قىسىم پارتكومى، «36913» قىسىم پارتكومى، قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈم پارتكومى، «36919» قىسىم پارتكومى، «36916» قىسىم پارتكومى، «36007» قىسىم پارتكومى، «36012» قىسىم پارتكومى، ئورۇمچى ۋەزىپىدىن ئايرىلغان كادىرلار 6 - دەم ئېلىش ئورنى پارتكومى، «36313» قىسىم پارتكومى، ئازادلىق ئارمىيە 273 - دوختۇرخانىسى پارتكومى، «36106» قىسىم پارتكومى، «36127» قىسىم 1 - لىيەن پارتىيە ياچېيكىسى، «36921» قىسىم سىمخانا چېگرا مۇداپىئە لىيەنى پارتىيە ياچېيكىسى، «36922» قىسىم قونجىراپ چېگرا مۇداپىئە لىيەنى پارتىيە ياچېيكىسى، چىرا ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈم مۇستەقىل لىيەن پارتىيە ياچېيكىسى، شىزاڭ ئالى شۆبە ھەربىي رايونى بولىن چېگرا مۇداپىئە لىيەنى پارتىيە ياچېيكىسى، ھەربىي رايون بىرلەشمە ۋەزىپە ئىجرا قىلىش بۆلۈمى ئېگىزلىك كېسەللى تەتقىقات ئورنى پارتىيە ياچېيكىسى، «36020» قىسىم 11 - لىيەن پارتىيە ياچېيكىسى، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈم ئىشتىن سىرتقى ئويۇن قويۇش ئەترىتى پارتىيە ياچېيكىسى، ئورۇمچى قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئىنستىتۇتى كۇرسانتلار 16 - ئەترىتى پارتىيە ياچېيكىسى، «36105» قىسىم 1 - لىيەن پارتىيە ياچېيكىسى، «36116» قىسىم 3 - لىيەن پارتىيە ياچېيكىسى، «36109» قىسىم 3 - لىيەن پارتىيە ياچېيكىسى، «36145» قىسىم 3 - لىيەن پارتىيە ياچېيكىسى، «36146» قىسىم 6 - لىيەن پارتىيە ياچېيكىسى، «36148» قىسىم 2 - لىيەن پارتىيە ياچېيكىسى، «36175» قىسىم 4 - لىيەن پارتىيە ياچېيكىسى، «36179» قىسىم 2 - لىيەن پارتىيە ياچېيكىسى، «36330» قىسىم قوماندانلىق 1 - لىيەن پارتىيە ياچېيكىسى، «36911» قىسىم باي چېگرا مۇداپىئە لىيەنى پارتىيە ياچېيكىسى، «36914»

قىسىم ئاق قابا چېگرا مۇداپىئە لىيەنى پارتىيە ياچېيكىسى، «36917» قىسىم قازان دەرياسى چېگرا مۇداپىئە لىيەنى پارتىيە ياچېيكىسى، «36918» قىسىم قورغاس چېگرا مۇداپىئە لىيەنى پارتىيە ياچېيكىسى، «36021» قىسىم چاغانتوقاي پونكىتى پارتىيە ياچېيكىسى، «36007» قىسىم 1 - لىيەن پارتىيە ياچېيكىسى، «36007» قىسىم 4 - لىيەن پارتىيە ياچېيكىسى، «36211» قىسىم 2 - لىيەن پارتىيە ياچېيكىسى، «36014» قىسىم 5 - لىيەن پارتىيە ياچېيكىسى، جىلك ھەربىي پونكىت پارتىيە ياچېيكىسى، «36313» قىسىم 5 - لىيەن پارتىيە ياچېيكىسى، «36336» قىسىم ساقلاش ئەترىتى پارتىيە ياچېيكىسى، لەنجۇ ھەربىي رايونى ئۈرۈمچى باش دوختۇرخانىسى نېرۋا ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمى پارتىيە ياچېيكىسى، شىخەنزە ئىشلەپچىقىرىش بازىسىغا بىۋاسىتە قاراشلىق مەشغۇلات ئەترىتى پارتىيە ياچېيكىسى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى تانكا رېمونتچىلىق يېڭى 2 - لىيەن پارتىيە ياچېيكىسى؛ جاڭ شىنخۇا، جاۋ خۇيشىڭ، شۇ كۇڭمىڭ، گو يۈن، گو ۋېنشىن، يەنجۇ (زاڭزۇ)، جاڭ يەنفو، شياڭ شۇشىن، جۇڭ خۇي، نيۇ دېلى، ياڭ يۇجۇڭ، شۇ ۋېيدۇڭ، شې زىڭگاڭ، سۇن گاۋجۇن، بەي خۇيزېڭ، لى جۈن، سۈي نىڭۋېي، زەي گوچىڭ، جاڭ جەنتاۋ، لى گاڭ، ۋاڭ ۋېنشىڭ، شى جىن، ۋاڭ شىنمىن، شې جيايۈەن، لىتىپ ياسىن، ۋاڭ يۇلياڭ، دېي شىڭفۇ، لى رېنمىڭ، لى گۇاڭرىن، خۇاڭ شۆجۈن، خېي لەن، ۋۇ شېڭكۇي، جيا شاڭخەي، ۋۇ يەنپىڭ، شۇ يۇڭ، جۇ فۇدې، سۇڭ شۆبىڭ، يۈەن گوجۈن، لى شىنخۇا، خۇ جىنشەن، گو فاڭ، چېن يەنگۇي، دۇ لىمىن، شۇ چىڭزې، جى جيەنشياڭ، لى گومىيەن، لى شۆۋېن، جاڭ شەنباۋ، يۇ ۋۇجۇڭ، لۇ چېڭ، شياڭ شىنجى.

خۇاڭ داكۇن

## كادىرلار خىزمىتى

**پارتكوم بەنزىسى ۋە كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى** 1999 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىگە بىرلەشتۈرۈپ، يۇقىرى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كادىرلارغا قارىتىلغان تەربىيە ۋە باشقۇرۇشنى چىڭ تۇتتى، بولۇپمۇ شى، لۈي دەرىجىلىك پارتكوم بەنزىلىرىنى 3 - قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك سىناپ ۋە ئۇلارنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىپ، بەنزە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ھەققىدە تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. مۇشۇ يىلدا شى، تۇەن دەرىجىلىك 22 كادىر بىلىم يۇرتلىرىغا ئۆگىنىشكە ئەۋەتىلدى. 15 ئورگان كادىرى ئېگىزلىكتىكى چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىغا بېرىپ مۇۋەققەت ۋەزىپە ئۆتەشكە تەشكىللەندى. شى، تۇەن دەرىجىلىك 800 دىن ئارتۇق كادىر تەڭشىلىپ ۋە سەپلىنىپ، شى، تۇەن دەرىجىلىك بەنزىلەر يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىندى.

**ئاساسىي قاتلام كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى** 1999 - يىلى 300 كادىر ھەر دەرىجىلىك، ھەرخىل مەكتەپلەردە تەربىيىلەندى. 3000 دىن ئارتۇق كادىر - جەڭچى ئارمىيە ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىمتىھانىغا قاتنىشىشقا تەشكىللىنىپ، 800 دىن ئارتۇق جەڭچى ئوقۇشقا قوبۇل قىلىندى. 120 مۇنەۋۋەر ئەسكەرنى كادىرلىققا ئۆستۈرۈش بويىچە سىناش ۋە تەكشۈرۈپ بېكىتىش خىزمىتى ئىشلەندى. مۇشۇ يىلدا 83 كادىر رايون ئاتلاپ ئالماشتۇرۇلدى. ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن 2200 دىن كۆپرەك ئوقۇغۇچى جاپالىق رايونلار ۋە ئاساسىي قاتلامنىڭ 1 - سېپىگە ئەۋەتىلدى. كادىرلاردىن خىزمەتتىن ئايرىلماي تەربىيىلىنىۋاتقان ۋە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىۋاتقانلارنىڭ سانى ئاشتى. ھەربىي رايون كادىرلىرى ئىچىدە ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى مەلۇماتلىقلارنىڭ سانى 1998 - يىلدىكىدىن 4.3 پىرسەنت پوئىنتى ئاشتى.

**پەن - تېخنىكا كادىرلىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشى** 1999 - يىلى يەرلىكتىكى ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن 71 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. تۇنجى قېتىم شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش كېلىشىمى ئىمزالاندى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ھەر يىلى ھەربىي رايونغا 30 دىن 60 قىچە تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىسى، 5 تىن 10 غىچە ئاسپىرانت يەتكۈزۈپ بېرىدىغان بولدى. ھاۋا ئارمىيىسى، قوراللىق ساقچى قىسىملىرى قاتارلىق ئورۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملاردىن 2000 دىن ئارتۇق پەن - تېخنىكا كادىرى ئارمىيە بويىچە ئېلىنغان چەت ئەل تىلى ئىمتىھانىغا قاتناشتۇرۇلدى. 64 كادىر ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىگە ئۆستۈرۈش ۋە 138 كادىر ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىگە ئۆستۈرۈش بويىچە باھالاندى. 130 تېخنىك كادىرنىڭ كەسپىي تېخنىكا دەرىجىسىنى تەڭشەش، مۇلكى دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ۋە پېنسىيىگە چىقىرىش خىزمىتى ئىشلەندى؛ 127 ئىلغار پەن - تېخنىكا كادىرى ۋە پەن - تېخنىكا كادىرلىرىنى باشقۇرۇشتىكى ئىلغار خىزمەتچى تەقدىرلەندى. ھەربىي رايوننىڭ ئەسكەرلەرنى پەن - تېخنىكا جەھەتتە مەشىق قىلدۇرۇش پىلانىغا ماسلىشىپ، ھەربىي رايون ئىختىساسلىقلار ئامبىرى قۇرۇلدى.

**كادىرلارنىڭ غەم - ئەندىشىسىنى تۈگىتىش** ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى ئەستايىدىل تۇتۇلدى. يەرلىكتىكى تەربىيىلەش ئاپپاراتلىرىغا تايىنىپ 5 كەسىپتىكى 138 ئائىلە تاۋابىئاتى ئىشقا ئورۇنلىشىش بويىچە تېخنىكىلىق تەربىيىلەشكە

قاتناشتۇرۇلدى. 300 دىن كۆپرەك ئائىلە تاۋابىئات ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. چەت - ياقا، جاپالىق رايونلاردىكى قىسىملارنىڭ بالىلار باغچىلىرىغا مۇشۇ يىلدا 400 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك خىراجەت ئاجرىتىلىپ ئۇلار نۇقتىلىق يۆلەندى. «1 - ئىيۇن» بالىلار بايرىمى ھارپىسىدا ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق قىسىملارنىڭ بالىلار باغچىلىرى ئاپتونوم رايونلۇق تۇنجى نۆۋەتلىك بالىلار ئۇسسۇل مۇسابىقىسىگە قاتناشتۇرۇلدى، 44 تۈردە مۇكاپاتلاندى. بالا تەربىيىچىلىرى قوشۇنىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش چىڭ تۇتۇلۇپ بىر قارار تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، 40 تىن كۆپرەك بالا تەربىيىچىسى تەربىيىلەندى؛ پەرزەنتلەر مەكتىپى، باغچا ئوقۇتقۇچىسىدىن 44 كىشىنىڭ ئۇنۋانى باھالاندى؛ 31 مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى ۋە مائارىپ خىزمەتچىسى تەقدىرلەندى؛ 72 ئوقۇتقۇچى سىرتتىن ئوقۇش ۋە تەربىيىلەشكە قاتناشتى. «1 - ئاۋغۇست» ئوتتۇرا مەكتىپىدە ياتاقلىق سىنىپ تەسىس قىلىش ئاساسىدا ش ئۇ ئا ر مائارىپ كومىتېتىغا ئىلتىماس قىلىش ئارقىلىق چېگرا مۇداپىئە كادىرلىرىنىڭ پەرزەنتلىرى ئۈچۈن ئالاھىدە 2 سىنىپ ئېچىپ بېرىلىپ، كادىرلار پەرزەنتلىرىنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە كىرىپ ئوقۇشى تەس بولۇش مەسىلىسى بىرقەدەر ياخشى ھەل قىلىندى.

كادىرلارنىڭ كەسىپ ئالماشتۇرۇش - ھەربىي سەپتىن بوشىنىش خىزمىتى ۋە زاپاس كادىرلار خىزمىتى «شىنجاڭ گېزىتى» ۋە «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى»دە مەخسۇس بەت ئېچىلىپ، ھەربىيدىن كەسىپ ئالماشتۇرۇش خىزمىتىدىكى 6 ئىلغار ئورۇن ۋە كەسىپ ئالماشتۇرغان 8 مۇنەۋۋەر كادىرنىڭ ئىش - ئىزلىرى تەشۋىق قىلىندى. كەسىپ ئالماشتۇرۇش خىزمىتى ئاساسىي تېما قىلىنغان «ئۆزۈن سەددىچىن سېپىلى» ناملىق مەخسۇس ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلدى. كەسىپ ئالماشتۇرغان، ھەربىي سەپتىن بوشانغان كادىرلارنى ئۆتكۈزۈۋېلىش - ئورۇنلاشتۇرۇش جەريانىدا ئاپتونوم رايون بىلەن بىرلىكتە ئىش بېجىرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، كەسىپ ئالماشتۇرغانلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى يىغىنى ئېچىلدى، «ئىككى تەرەپ بىر - بىرىنى تاللاش» بويىچە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، ھەمدە كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلار كۇرستا تەربىيىلەندى، پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا كىرىدىغان كادىرلاردىن ئىمتىھان ئېلىندى. مۇشۇ يىلدا 1800 دىن ئارتۇق كىشى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۇقتۇرۇشى تاپشۇرۇۋالدى، 1746 كىشى قىسىمدىن ئايرىلىپ يېڭى ئورۇنغا تىزىمغا ئالدۇردى. چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەرگە ئورۇنلاشقانلار كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 69% نى، پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا ئورۇنلاشقانلار 64% نى، كەسپىي ئورۇنلارغا ئورۇنلاشقىنى 20% نى ئىگىلىدى. شى، تۆەن دەرىجىلىك 72 كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىر مۇناسىپ ۋەزىپىگە قويۇلدى. چەت - ياقا، جاپالىق رايونلاردا ئۇزۇن مەزگىل خىزمەت قىلغان ۋە نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغان 43 كادىرغا ئېتىبار بېرىلدى. زاپاس قىسىملارنىڭ تەڭشەش - ئىسلاھ قىلىش داۋامىدىكى كادىرلار خىزمىتى ياخشى ئىشلىنىپ، 1232 زاپاس ئوفىتسېر تىزىمغا ئېلىندى، 2250 زاپاس ئوفىتسېر تەييارلاندى.

مۇقالى، ياۋ جىجياڭ

## ئىنتىزام تەكشۈرۈش خىزمىتى

**رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پاك - ئىنتىزاملىق بولۇشى** 1999 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى پارتكوم بەنزىسى، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پارتىيىۋىلىك، پارتىيە ئىستىلى ۋە پاك - ئىنتىزاملىق بولۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ساقلانغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ تۈزەتتى؛ تۆەندىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلار ئارىسىدا نەسىھەت قىلىش - سۆھبەتلىشىش تۈزۈمى ئورنىتىلدى ۋە يولغا قويۇلدى؛ ھەربىي رايون ئىقتىسادىي تەپتىش، كادىرلار، ئىنتىزام تەكشۈرۈش قاتارلىق تارماقلارنى تەشكىللەپ، ئالاقىدار شى دەرىجىلىك ئورۇنلاردىكى مەسئۇل باشلىقلارنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتىدىكى ئىقتىسادىي مەسئۇلىيىتىنى تەپتىش قىلدى؛ مەبلەغ توپلاپ ئۆي سېلىشقا قاتناشقان تۆەندىن يۇقىرى كادىرلارنىڭ مەبلەغ پۇلىنى تاپشۇرۇش ئەھۋالى ئېنىقلىنىپ مەسىلىلەر تۈزىتىلدى؛ تۆەندىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلارغا چېتىلىدىغان 85 مەسىلە كەسكىن بىرتەرەپ قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدىكى 23 كىشىگە پارتىيە ئىنتىزامى ۋە مەمۇرىي ئىنتىزام جازاسى بېرىلدى.

پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى تۆەندىن يۇقىرى، ئوخشىمىغان تىپتىكى 16 ئورۇننىڭ پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئىجرا ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالى ئايرىلاپ تەكشۈرۈلۈپ، ئايرىلاپ تەكشۈرۈش ئەھۋالى ئۈستىدە ئۇقتۇرۇش چىقىرىلدى؛ ھەربىي رايون ئورگىنىنىڭ مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋەزىيىتىنى تەھلىل ۋە دوكلات قىلىش يىغىنى ئېچىلدى، بۇنىڭدا ئادەم، مالىيە، ماددىي بويۇم باشقۇرىدىغان 12 كەسپىي باشقارمىنىڭ پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشى ئەھۋالى نۇقتىلىق تەكشۈرۈلدى ۋە ئانالىز قىلىندى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى خىزمەتتە ئۆتكەلنى چىڭ ئىگىلىمىگەن، مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلمىغان پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈردى، ھەربىي رايون بويىچە تۆەندىن يۇقىرى 7

رەھبىرىي كادىرغا مەسئۇلىيەت تۈزۈمىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن پارتىيە ئىنتىزامى - مەمۇرىي ئىنتىزام جازاسى بېرىلدى.

ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش دېلولىرى ۋە مەسىلىلىرىنى بىرتەرەپ قىلىش 1999 - يىلى ھەربىي رايون ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 118 دېلونى دېلو تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلدى. قۇرۇقلۇق ئارمىيە زاپاس ئەسكەرلەر شىسى پىيادە ئەسكەرلەر 2 - تۇەننىڭ تۇەنجاڭىنىڭ ۋە مەزكۇر تۇەن ئارقا سەپ باشقارمىسىنىڭ سابىق باشلىقىنىڭ ئومۇمنىڭ پۇلىنى ئۇزاققىچە ھېسابقا ئۆتكۈزمىگەنلىكى، خەبەردار بەرگەن يانتېلېفوننى ئومۇمغا تاپشۇرمىغانلىقى، شۇنىڭدەك شىخو شەھىرى خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ سابىق باشلىقىنىڭ ئومۇمنىڭ پۇلىنى يۆتكەپ ئىشلىتىپ كەتكەنلىكى، مەلۇم شى برونېۋىك تۇەنىدىكى ئايرىم پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سېرژانت باشلىقلىرىنى كادىرلىققا ئۆستۈرۈشتە ساختىپەزلىك قىلغانلىقىغا ئوخشاش بىر تۈركۈم ئىنتىزامغا ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلىش دېلولىرىنى بىۋاستە تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىپ، ئالاقىدار جاۋابكارلارغا پارتىيە ئىنتىزامى، مەمۇرىي ئىنتىزام جازاسى بەردى ياكى تەشكىلىي چارە كۆردى. ھەربىي رايون قىسىملىرىدا ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش مەسىلىسىدىن 181 ى دېلو تۇرغۇزۇپ بىرتەرەپ قىلىندى، 108 پارتىيىلىك كادىرغا پارتىيە ئىنتىزامى - مەمۇرىي ئىنتىزام جازاسى بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە شى دەرىجىلىك كادىر 2، تۇەن دەرىجىلىك كادىر 21. جازا بېرىلگەن شى، تۇەن دەرىجىلىك 23 كادىر ئىچىدە پارتىيە ئىنتىزامى جازاسى بېرىلگىنى 8 (بۇنىڭ ئىچىدە 3 كىشىگە يەنە مەمۇرىي ئىنتىزام جازاسىمۇ بېرىلگەن)، مەمۇرىي ئىنتىزام جازاسى بېرىلگىنى 18.

جاڭ ۋەنبىڭ

## سىياسىي تەربىيە

شىنجاڭ ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمى 1999 - يىلىنىڭ بېشىدا «تۇەندىن يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار ئارىسىدا نەزەرىيە ئۆگىنىشنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى. جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ۋە 4 شتاتلىق تۇەن پارتكومىنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىش تەجرىبىلىرى خۇلاسىلەندى ۋە ئومۇملاشتۇرۇلدى، شى، تۇەن دەرىجىلىك 4 كادىرنىڭ ئىش - ئىزلىرى تەشۋىق قىلىندى. 3 — 5 - ئايلاردا ھەربىي رايون شى، تۇەن دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ 2 قارار نەزەرىيە كىتاب ئوقۇش سىنىپى ئېچىپ، شى، تۇەن كادىرىدىن 181، جۇڭدىن يۇقىرى كادىردىن 4 نى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلىدى. 9 - ئايدا ھەربىي رايون قىسىملىرى پارتكوم مەركىزىي ئۆگىنىش گۇرۇپپىلىرىنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىش سۆھبەت يىغىنى ئېچىلىپ، باش سىياسىي بۆلۈمنىڭ «ئارمىيىدىكى يۇقىرى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ ئۆگىنىش پىلانى» ئۆگىنىپ ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ئۆگىنىش ئىستىلىنى توغرىلاش مەسىلىسى مەخسۇس مۇزاكىرە قىلىندى. 15 ئىلغار ئورۇن، 5 ئىلغار شەخس يىغىندا تەجرىبە ۋە تەسىراتلىرىنى تونۇشتۇردى، 22 شى، لۈي پارتكومى ۋەكىللىرى مۇھاكىمە خاراكتېرلىك سۆز قىلدى.

1 — 4 - ئايلاردا ھەربىي رايون قىسىملىرى ئارىسىدا كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇش ئۇلۇغ روھىنى جارى قىلدۇرۇش ئاساسىي تېما قىلىنىپ جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش، كادىرلارنى ھۆرمەتلەش، ئەسكەرلەرگە كۆيۈنۈش تەربىيىسى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى. كېيىنكى يېرىم يىلدا دۆلەت بايرىمىنىڭ 50 يىللىقىغا، ئاۋمېننىڭ ۋەتىنىمىز قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيىنى، ۋەتەننى، سوتسىيالىزمنى سۆيۈش ئاساسىي تېما قىلىنغان ۋەتەنپەرۋەرلىك - تۆھپىكارلىق تەربىيىسى كەڭ قانات يايدۇرۇلدى. پارتىيىنى، ۋەتەننى، سوتسىيالىزمنى سۆيۈش تەربىيىسىنىڭ تەجرىبىلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش ئۈچۈن 6 - ئاينىڭ ئوتتۇرا - ئاخىرلىرىدا جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مەلۇم توپچىلار تۇەنىدە تەربىيە سىنىقى ئېلىپ بېرىلدى ھەمدە 4 تەربىيىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيىنى ئىسلاھ قىلىش سۆھبەت يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا 5 يىلدىن بۇيان ھەربىي رايون قىسىملىرىدا 4 تەربىيىنى قانات يايدۇرۇش ۋە سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربىيىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىلىرى خۇلاسىلەندى ۋە ئالماشتۇرۇلدى، 4 تەربىيىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. كۈچ ئاجرىتىپ، شى، لۈي، تۇەن دەرىجىلىك 6 ئورۇندا ئەسكەر كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتى مەخسۇس تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىندى. چېگرا مۇداپىئە مەلۇم تۇەنىنىڭ ئەسكەر كادىرلار تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش خىزمىتىگە ۋە كونا ئەسكەرلەرنى قوشۇندىن چېكىندۈرۈش تەربىيىسىگە يېتەكچىلىك قىلىندى ھەمدە بۇ ھەقتىكى تەجرىبىلەر خۇلاسىلەپ ئومۇملاشتۇرۇلدى.

پىيادە ئەسكەرلەر مەلۇم شىسىدا مائارىپ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش سىناق نۇقتىسى قۇرۇلدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر ئالىي شۆبە ھەربىي رايوندىن باشقا شىدىن يۇقىرى ئورۇنلارنىڭ ھەممىسى لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ مائارىپ ئۇچۇر تورىغا كىردى ھەمدە تۇەن دەرىجىلىك 21 ئورۇن ئۇچۇر ئاخىرقى ئۇچىنى قۇردى.

جۇ يۈسىڭ

## ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتى

1999 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى قىسىملىرى ئىككىنى ھىمايە قىلىش - بىرلىكتە ئىككى مەدەنىيلىك بەرپا

قىلىش پائالىيىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇردى، ئۈرۈمچى، ئاقسۇ، كورلا، سانجى، كۆكتوقاي، قاراماي، شىخەنزە، قەشقەر، خوشۇتتىن ئىبارەت 9 ناھىيە (شەھەر) گە مەملىكەت بويىچە ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى نەمۇنە شەھەر (ناھىيە) دەپ نام بېرىلدى. يىل ئاخىرىدا مەملىكەت بويىچە ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى نەمۇنە شەھەر (ناھىيە) دىن 18 ى، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى نەمۇنە شەھەر (ناھىيە) دىن 37 سى بارلىققا كەلدى.

1999 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى قىسىملىرى 890 مىڭدىن كۆپرەك ئەمگەك كۈنى، 5800 دانە (قېتىم) دىن ئارتۇق ماشىنا - ئاپتوموبىل ئاجرىتىپ، قەشقەر خەلقئارا ئايرودرومىنىڭ ئۇچۇش - قونۇش يولىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى، ئىلى تېكەس دەريا ۋادىسىدا سۇ - تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش قۇرۇلۇشى، شىمالىي شىنجاڭ سۇ بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشى قاتارلىق 58 نۇقتىلىق قۇرۇلۇشقا ياردەم بەردى. ھەربىي رايون قىسىملىرى ئاپەت ۋە خېيىمخەتەردىن قۇتقۇزۇشقا 70 قېتىمدىن كۆپرەك قاتناشتى، بۇنىڭغا 60 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم)، 1300 نەچچە دانە (قېتىم) ئاپتوموبىل، 56 دانە (قېتىم) تىك ئۇچار ئايروپىلان ئاجرىتىپ، ئاپەت ۋە خېيىمخەتەرگە يولۇققان 62 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) نى قۇتقۇزۇپ، بىخەتەر جايغا يۆتكىدى، دۆلەت ۋە ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ نەچچە 10 مىليون يۈەنلىك مال - مۈلكىنى قۇتقۇزۇپ قالدى. ھەربىي رايون قىسىملىرى ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق جايلاردىكى كىشىلەر بىلەن يار - يۆلەك بولۇش بويىچە جۈپلىشىش پائالىيىتىنى يولغا قويدى، 1500 نەچچە جۈپ بارلىققا كەلدى، نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇش تۈرىدىن 26 نى تەمىنلىدى، قىيىنچىلىقى ئېغىر ئائىلىلەرگە 200 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك پۇل ئىئانە قىلدى، 1100 دىن كۆپرەك نامرات ئائىلىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بەردى. «36129» قىسىم، «36914» قىسىمنىڭ ئاق قابا چېگرا مۇداپىئە لىيەنى، «36917» قىسىمنىڭ قازان دەرياسى چېگرا مۇداپىئە لىيەنىگە گوۋۇيۈەننىڭ مەملىكەتلىك 3 - نۆۋەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى ئۈلگىلىك ئورۇن، «36326» قىسىمنىڭ كەسپىي سېرژانتى لى خەيگە ئۈلگىلىك شەخس دەپ نام بېرىلدى، «36129» قىسىم، «36105» قىسىم، «36232» قىسىم، «36176» قىسىم، «36917» قىسىمنىڭ قازان دەرياسى چېگرا مۇداپىئە لىيەنى، «36915» قىسىمنىڭ بايمىرزا چېگرا مۇداپىئە لىيەنى، «36914» قىسىمنىڭ ئاق -قابا چېگرا مۇداپىئە لىيەنى، «36009» قىسىم، «36129» قىسىمنىڭ سىياسىي كومىسسارى ليۇ ۋېنشياڭ، «36326» قىسىمنىڭ كەسپىي سېرژانتى لى خەي، ھەربىي رايون 377 - دوختۇرخانا تۇرپان شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لى فاجۇڭلار لەنجۇ ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمى تەرىپىدىن ئاممىۋى خىزمەتتىكى ئىلغار ئورۇن ۋە ئىلغار شەخس دەپ تەقدىرلەندى.

يالڭ جۈنپىڭ، لياڭ شۇاڭ، چۈەن بىڭ

### ئەدلىيە مەمۇرىيىتى خىزمىتى

1999 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى قانۇن مۇلازىمىتىدە باش سىياسىي بۆلۈم بەنگۇڭتىڭى چۈشۈرگەن «ئارمىيىدىكى ئادۋوكاتلارنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ھەقلىق دېلولار، ئارمىيە ۋە ھەربىيلەر بىلەن مۇناسىۋەتسىز دېلولار بېجىرىلمىدى. مۇشۇ يىلدا بېجىرىلگەن ھەرخىل دېلو 41 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئادۋوكاتلىق قىلىنغان جىنايى ئىشلار دېلوسى 6، ۋاكالەتچىلىك قىلىنغان ھەق - تەلەپ دەۋا دېلوسى 19، ۋاكالەتچىلىك قىلىنغان ئىقتىسادىي دەۋا دېلوسى 16، بۇنىڭ بىلەن قىسىملار 65 مىليون يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىياندىن ساقلاپ قېلىندى. 6 ھەربىي كارخانىغا دائىملىق قانۇن مەسلىھەتچىلىكى قىلىندى. رەھبەرلەرنىڭ سىياسەت بەلگىلىشى ئۈچۈن 16 تۈرلۈك مەسلىھەت بېرىلدى. ئارمىيە بويىچە تۇنجى «148» قانۇن مۇلازىمىتى - مەسلىھەتچىلىكى تېلېفونى يولغا قويۇلۇپ، 238 ئادەم (قېتىم) گە قانۇندىن مەسلىھەت بېرىلدى، 48 پارچە قانۇن ھۆججىتى ۋاكالىتەن يېزىپ بېرىلدى. ئاساسىي قاتلامدىكى ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرگە 16 مەيدان (قېتىم) قانۇندىن دەرس ئۆتۈلدى، ئاڭلىغۇچىلار 30 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. باش سىياسىي بۆلۈم بەنگۇڭتىڭى تۇنجى قېتىم ئارمىيە بويىچە قانۇن مۇلازىمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلىدى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى قانۇن مۇلازىمەت ئورنى ئىلغار ئورۇن، ئەدلىيە ئىشخانىسىدىن نىڭ دۇڭخۇي مۇنەۋۋەر ئادۋوكات بولۇپ باھالاندى.

نىڭ دۇڭخۇي، ۋەن خۇي

### ھەربىي ئىشلار تەپتىشلىكى

1999 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ھەربىي ئىشلار تەپتىشلىك خىزمىتىدە ھەرخىل جىنايى ئىشلار جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىلدى. دېلو بېجىرىشتە تېز تۇتۇش، تېز تەكشۈرۈش، تېز ئەيىبلەش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، دېلو بېجىرىش ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلدى. دېلولارنىڭ پاكىتى ئېنىق بولۇش، دەلىل - ئىسپاتلارنىڭ كېلىش مەنبەسى ئېنىق بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىندى، ئۆلچەمنى تۆۋەنلىتىش ياكى قالايمىقان تۇتۇش، خاتا تۇتۇش ئەھۋاللىرى كۆرۈلمىدى. تۈرمە - قاماقخانا تەپتىشلىكى خىزمىتى ياخشى تۇتۇلدى، جازانى يېنىكلىتىش، شەرتلىك قويۇپ بېرىش، ئەمگەك بىلەن

تەربىيىلەش ۋە تۈرمە سىرتىدا داۋالىنىشقا كېپىلگە بېرىش قاتارلىق ئەھۋاللار ئۈستىدىن نازارەت قىلىنىپ، تەپتىشلىك - نازارەتچىلىك قىلىش فۇنكسىيىسى بىرقەدەر ياخشى ئادا قىلىندى. مۇشۇ يىلدا قىسمىلار 1 مىليون يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىياندىن ساقلاپ قېلىندى. قىسىمدىن چېكىنگەن جەڭچىلەرنىڭ ئورنىنى تولۇقلاش ۋە ئەسكەر، كادىرلىققا تاللاش - ئۆزگەرتىش خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، تۆۋەندىن يۇقىرى 34 ئورۇندا 19 مەيدان قانۇنچىلىق تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلدى، تەربىيە ئالغان ئوفىتسېر - ئەسكەر 21 مىڭ كىشىدىن ئاشتى، قىسمىلاردىكى ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر سورىغان قانۇنغا چېتىشلىق 40 نەچچە مەسىلىگە جاۋاب بېرىلدى. خۇلاسىلەش ئاساسىدا يېزىپ چىقىلغان «ئارمىيىدە دائىم كۆرۈلىدىغان دېلولارنىڭ ئالاھىدىلىكى، قانۇنىيىتى ۋە ئۇنىڭدىن ساقلىنىش» قاتارلىق 10 نەچچە پارچە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ماقالىسى لەنجۇ ھەربىي رايونى ۋە ئازادلىق ئارمىيە ھەربىي ئىشلار تەپتىش مەھكىمىسى تەرىپىدىن تارقىتىلدى. دېلو بېجىرىشكە بىرلەشتۈرۈپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان 50 نەچچە تەپتىشلىك تەكلىپى قىسمىلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى. ھەربىي ئىشلار تەپتىش مەھكىمىسى «تەپتىشلىكنى ئاشكارىلاش» نىڭ 10 تۈرلۈك مەزمۇنى ۋە شىنجاڭ ھەربىي ئىشلار تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ ئىچكى قۇرۇلۇشىغا دائىر بەلگىلىمە ۋە تۈزۈملەرنى كىتابچە قىلىپ تۆۋەندىن يۇقىرى ئورۇنلارغا تارقىتىپ، قىسمىلارنىڭ نازارىتىنى ئاشكارا قوبۇل قىلدى. بىر كىشى مەملىكەت بويىچە «خەلق رازى بولغان تەپتىش ئەمەلدارى»، بىر كىشى ئارمىيە بويىچە «مۇنەۋۋەر ئەيىبلىگۈچى»، بىر كىشى لەنجۇ ھەربىي رايونى بويىچە «رازۋېدكا ماھىرى» بولۇپ باھالىنىشقا كۆرسىتىلدى. مۇئاۋىن باش تەپتىش ۋاڭ ۋېنشىڭ لەنجۇ ھەربىي ئىشلار تەپتىش مەھكىمىسى تەرىپىدىن ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئارقىلىق تەقدىرلەندى. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 3 كىشى دۆلەت تەپتىش ئەمەلدارلىرى ئىنستىتۇتىنىڭ باش تەپتىشلەر ئىش ئورنى كۇرسىغا ئەۋەتىلدى، بىر كىشى يەرلىكتىكى ئالىي مەكتەپكە كىرىپ، كومپيۇتېردا پروگرامما تۈزۈش بىلىملىرىنى ئۆگەندى.

شۇ كې

## ھەربىي ئىشلار سوت مەھكىمىسى خىزمىتى

1999 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي ئىشلار سوت مەھكىمىسى 1 - سوتتا قارىلىدىغان 14 ئادەمگە چېتىشلىق 14 جىنايى ئىشلار دېلوسىنى قوبۇل قىلدى، تەھقىقلەش ئارقىلىق 12 كىشىگە قانۇن بويىچە جىنايى جازا بەردى. ئىقتىسادىي ماجىرا دېلوسىدىن 10 نى 1 - سوتتا قاراپ ئاخىرلاشتۇرۇپ، ھەربىي رايون كارخانىلىرىنى 1 مىليون 160 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك ئىقتىسادىي زىياندىن ساقلاپ قالدى. توۋا قىلىش ئىپادىسىدە بولغان 28 جىنايەتچىگە بېرىلگەن جازانى قانۇن بويىچە يېنىكلىتىپ، قاماقتىكى جىنايەتچىلەرنىڭ گۇناھىغا توۋا قىلىپ، يېڭىچە ئادەم بولۇش، ئەستايىدىل ئۆزگىرىش ئاكتىپلىقىنى قوزغىدى. كونا دېلودىن 4 نى قايتا تەكشۈرۈپ، ئەسلى ھۆكۈمنى ساقلاپ قالدى. ئارمىيە بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ھەربىي ئىشلار سوت مەھكىمىلىرىنىڭ دېلو بېجىرىش سۈپىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتە، شىنجاڭ ھەربىي ئىشلار سوت مەھكىمىسى يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ئىشلار سوت مەھكىمىسىنىڭ تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشتى. بىر يىلدىن بۇيان قانۇنچىلىق تەربىيىسى سەييارە تەشۋىق قىلىش گۇرۇپپىسى كۆپ قېتىم تەشكىللىنىپ، 42 مەيدان (قېتىم) دەرس ئۆتۈلدى، 24 مەيدان (قېتىم) قانۇنچىلىق تەربىيىسىگە ئائىت سىنئالغۇ فىلىمى قويۇپ بېرىلدى، تەربىيە ئالغان ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر 360 مىڭدىن ئاشتى. قىسمىلار ئۈچۈن قانۇن مەسلىھەتچىلىكى مۇلازىمىتى قىلىندى، قىسمىلارنىڭ قانۇنغا چېتىشلىق 810 سوئالىغا جاۋاب بېرىلدى، قىسمىلار ۋە ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنىڭ قانۇنغا چېتىشلىق 20 نەچچە قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىلدى، ئەرزىيەتتىن 68 ى بىرتەرەپ قىلىندى، ھال ئېيتىپ كەلگەنلەردىن 35 ئادەم (قېتىم) قوبۇل قىلىندى. 1999 - يىلى ھەربىي ئىشلار سوت مەھكىمىسى «سوت سۈپىتى يىلى»، «ئىجرا قىلىش يىلى»، «خەلق رازى بولغان سوت مەھكىمىسى قۇرۇش، خەلق رازى بولغان ياخشى سوتچى بولۇش ئۈچۈن تىرىشىش» تىن ئىبارەت 3 تۈرلۈك پائالىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، ئۆز قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى.

پېڭ بو

## پېشقەدەم كادىرلار خىزمىتى

1999 - يىل 5 - ئاينىڭ 11 — 15 - كۈنىگىچە شىنجاڭ ھەربىي رايونى پېشقەدەم كادىرلار پارتكومىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 64 ئىلغار كادىر، پېشقەدەم كادىرلار خىزمىتىدىكى 33 ئىلغار خىزمەتچى تەقدىرلەندى. كۇرس ئورنىغا يىغىن ئېچىش شەكلى قوللىنىلىپ، 17 كادىرلار دەم ئېلىش ئورنىنىڭ باشلىقى، سىياسىي كومىسسارلىرى دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى قۇرۇلۇشى، پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشى، «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى قاتارلىق مەخسۇس تېمىلار بويىچە تەربىيىلەندى.

مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ «دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلارنى تەربىيىلەش - باشقۇرۇش

خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكىر» ى چۈشكەندىن كېيىن، ھەربىي رايون پارتكومى «ھەربىي كومىتېتنىڭ 9 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلارنى تەربىيىلەش - باشقۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكىر» نى تۈزۈپ چىقتى. ئۈرۈمچى رايونىدا تارقاق ئولتۇراقلاشقان، ئورۇنلاشتۇرۇشنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان شى دەرىجىلىك 50 نەچچە كادىرغا قارىتىلغان تەربىيە ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ھەربىي رايون تەربىيىلەش - باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش چارىسىنى تۈزۈپ چىقتى، 2 پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇپ، ئۇلارنى پارتىيە گۇرۇپپىلىرىغا ئايرىدى. «فالۇن گۇڭ» ۋەقەسى چىققاندىن كېيىن، ئىلىم - پەنگە ھۆرمەت قىلىش، خۇراپاتلىققا قارشى تۇرۇش تەربىيىسى كەڭ قانات يايدۇرۇلدى، ئىلگىرى «فالۇن گۇڭ» نى مەشىق قىلغان دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلار (قىسمەن ئائىلە تاۋابىئاتلار ۋە تۇل قالغانلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) «فالۇن گۇڭ» مەشىقىدىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن قول ئۈزۈپ، «فالۇن گۇڭ» نى پاش قىلىش - تەنقىد قىلىش كۈرىشىگە پائال ئاتلاندى.

مول مەزمۇنلۇق مەدەنىيەت - تەنتەربىيە پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. ھەربىي رايون 1999 - يىل 6 - ئايدا پېشقەدەم كادىرلارنىڭ بىر ئايلىق ئۇنىۋېرسال تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزدى، ھەربىي رايون ۋە قوراللىق ساقچى قىسىم كادىرلار دەم ئېلىش ئورۇنلىرىدىن 13 كوماندا، 800 دىن كۆپرەك پېشقەدەم كادىر 10 تۈردىكى مۇسابىقىگە قاتناشتى. ھەربىي رايون 9 - ئاينىڭ 25 — 26 - كۈنلىرى ئۈرۈمچىدىكى پېشقەدەم كادىرلارنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكىنى ئۆتكۈزدى، كۆرەكتە 400 نەچچە كىشى ئويۇن قويدى. باھالاش ئارقىلىق 1 -، 2 -، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپات ۋە ئىجادىيەت مۇكاپاتى، تەشكىللەش مۇكاپاتى باھالاپ چىقىلدى.

ھەربىي رايون 1999 - يىل 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ئەسىر ھالقىيدىغان، كۆزگە كۆرۈنگەن 30 ياشانغان كىشىنى، ياشانغانلارنى ھۆرمەتلىگەن 16 ياخشى پەرزەنتنى ۋە ياشانغانلارنى ھۆرمەتلىگەن 18 ئىلغار خىزمەتچىنى تەقدىرلىدى.

1999 - يىلى دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 190 ئائىلىلىك كادىر ئورۇنلاشتۇرۇلدى. قۇربان بولغان، ئالەمدىن ئۆتكەن 13 پېشقەدەم كادىر ئۈچۈن ئالاھىدە نەپىقە پۇلى ئىلتىماس قىلىندى. دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 75 كادىرنىڭ كۆتۈنۈش خىراجىتى ئىلتىماسى ۋە بۇ ھەقتىكى تەستىق جاۋاب بېجىرىلدى، ئالەمدىن ئۆتكەن 31 پېشقەدەم كادىرنىڭ دەپنە خىزمىتى ئىشلەندى، 2 پېشقەدەم كادىرنىڭ چەت ئەلگە چىقىپ تۇغقان يوقلاش رەسمىيىتىنى بېجىرىپ بېرىش ئىلتىماس قىلىندى. كادىرلار دەم ئېلىش ئورنى ئۈچۈن ھەرخىل ئاپتوموبىلدىن 30 ى ھەل قىلىپ بېرىلدى، 2 مىليون 175 مىڭ يۈەنلىك ھەرخىل خىراجەت، 150 توننا ماي قوشۇمچە ياردەم ئورنىدا بېرىلدى. ھەرقايسى كادىرلار دەم ئېلىش ئورۇنلىرى ئۆزلىرى 8 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ توپلاپ، ئۆز ئەسلىھە جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى.

ساۋ باۋچېڭ

## ئەسكەر ئېلىش خىزمىتى

ئاپتونوم رايون، شىنجاڭ ھەربىي رايوننىڭ 1999 - يىللىق قىش پەسىللىك ئەسكەر ئېلىش خىزمىتى 1999 - يىل 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى باشلىنىپ، 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئاخىرلاشتى، ئاپتونوم رايون بويىچە قۇرامىغا يەتكەن 26 مىڭ 360 ياش ئەسكەرلىككە تىزىمغا ئالدۇردى. ناھىيىدىن يۇقىرى ئورۇنلاردا ئەسكەر ئېلىش ئىشخانىسىدىن 385 ى قۇرۇلدى؛ 3278 تېببىي خادىم ئاجرىتىلىپ، سالامەتلىك تەكشۈرۈش پونكىتىدىن 390 ى تەسىس قىلىندى، 15 مىڭ 361 ئادەمنىڭ سالامەتلىكى تەكشۈرۈلدى، ئۇلارنىڭ 66% ى لاياقەتلىك بولدى؛ سىياسىي تەكشۈرۈشكە 2049 ئادەم ئاجرىتىلىپ، 9567 ئادەم تەكشۈرۈلدى، ئۇلارنىڭ 90% ى لاياقەتلىك بولدى. ئېلىنغان يېڭى ئەسكەرلەر ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت 13.6% نى، ئايال ئەسكەر 5% نى، پارتىيە، ئىتتىپاق ئەزاسى 46% نى، تولۇق ئوتتۇرىدىن يۇقىرى مەلۇماتى بارلار 68% نى، غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسىدىكى ياشلار 48.3% نى ئىگىلىدى. 3900 يېڭى ئەسكەر قايتا تەكشۈرۈلۈپ، 14 لاياقەتسىز ئەسكەر شاللىۋېتىلدى، شاللىۋېتىلىش نىسبىتى 0.35% بولدى.

ما شياۋجۇن

## دۆلەت مۇداپىئە سەپەرۋەرلىك خىزمىتى

ش ئۇ ئا ر دۆلەت مۇداپىئە سەپەرۋەرلىك كومىتېتى 1999 - يىل 1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ھۆججەت تارقىتىپ، دۆلەت مۇداپىئە سەپەرۋەرلىك كومىتېتىنىڭ قىسمەن ئەزالىرىنى تەڭشىدى.

ئاپتونوم رايون 1999 - يىل 4 - ئاينىڭ 8 — 9 - كۈنلىرى باينغولىن ئوبلاستىدا تۇنجى قېتىملىق دۆلەت مۇداپىئە سەپەرۋەرلىك خىزمىتى يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا ئاپتونوم رايون، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ۋە ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك دۆلەت مۇداپىئە سەپەرۋەرلىك كومىتېتلىرىنىڭ رەھبەرلىرى شۇنىڭدەك ھەرقايسى ئىشخانىلارنىڭ مۇدىرلىرىدىن بولۇپ 160 تىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. يىغىندا «دۆلەت مۇداپىئە سەپەرۋەرلىك

قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ھەققىدىكى پىكىر»، «دۆلەت مۇداپىئە سەپەرۋەرلىكىدىكى يوشۇرۇن كۈچنى تەكشۈرۈش چارىسى» ۋە زاپاس كۈچ، ئىقتىسادىي سەپەرۋەرلىك، خەلق ھاۋا مۇداپىئەسى، قاتناش ئۇرۇش تەييارلىقى قۇرۇلۇشىنىڭ 2005 - يىلدىن بۇرۇنقى پىلانىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى تۈزۈپ چىقىلىپ، دۆلەت مۇداپىئە سەپەرۋەرلىك قۇرۇلۇشىنىڭ نۆۋەتتىكى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك نىشانى ۋە ۋەزىپىسى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ دۆلەت مۇداپىئە سەپەرۋەرلىك ئاپپاراتى ئىشقا سېلىندى. ھەقىقىي جەڭگە ئوخشاپ كېتىدىغان جەڭ سەپەرۋەرلىكى ھەرىكەت مانېۋىرى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق كەلگۈسى ئۇرۇش سەپەرۋەرلىكىنىڭ ئۇسۇلى ۋە يولى ئۈستىدە ئىزدىنىلدى. يىغىندىن كېيىن ھەرقايسى ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) لىك دۆلەت مۇداپىئە سەپەرۋەرلىك كومىتېتلىرى ئارقا - ئارقىدىن ئومۇمىي يىغىن ئاچتى.

لەنجۇ ھەربىي رايونى دۆلەت مۇداپىئە سەپەرۋەرلىك كومىتېتىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايون، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ۋە ئۈرۈمچى، بايىنغولىن، ئاقسۇ، قۇمۇل، تۇرپاندىن ئىبارەت 5 ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) ۋە 10 ناھىيە، شەھەرنىڭ دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتلىرىنىڭ رەھبەرلىرىدىن 200 نەچچە كىشى شۇنداقلا يەرلىكتىكى يۇقىرى تېخنىكا مۇتەخەسسىسلىرى، كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى ۋە خەلق ئەسكەرلىرىدىن 1800 دىن ئارتۇق كىشى «غەربىي قىسىم — 99» بىرلەشمە جەڭ مانېۋىرىغا قاتناشتى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، رەئىس ئابلەت ئابدۇرىشىت مانېۋىرغا قاتناشتى. باش شتاب باشلىقى فۇ چۈەنيۇ ۋە لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ باشلىقلىرى ش ئۇ ئا ر دۆلەت مۇداپىئە سەپەرۋەرلىك كومىتېتىنىڭ بۇ قېتىمقى مانېۋىردا ئارمىيە بويىچە «3 بىرىنچى» نى ياراتقانلىقىنى، يەنى بىر ئۆلكە (رايون) دىكى ھەر دەرىجىلىك دۆلەت مۇداپىئە سەپەرۋەرلىك كومىتېتلىرىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، تىنچ مەزگىل بىلەن ئۇرۇش مەزگىلىنى ئالماشتۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە 1 - قېتىم تەتقىقات ۋە ئىزدىنىش ئېلىپ بارغانلىقىنى، كەلگۈسىدىكى بىرلەشمە ئۇرۇشتا يەرلىك ئۇرۇش جۈنتۈەنىنىڭ گورۇپپىلىنىشى ۋە مەسئۇلىيىتى مەسىلىسى ئۈستىدە 1 - قېتىم تەتقىقات ۋە ئىزدىنىش ئېلىپ بارغانلىقىنى، كەلگۈسىدىكى يۇقىرى تېخنىكا شارائىتىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان بىرلەشمە ئۇرۇشتا يەرلىكتىكى ئۇرۇش جۈنتۈەنلىرىنى توپلاشنى تىنچىتىش - مالىمانچىلىقنى توسۇشقا تەشكىللەش مەسىلىسى ئۈستىدە 1 - قېتىم تەتقىقات ۋە ئىزدىنىش ئېلىپ بارغانلىقىنى ماختىدى.

تاڭ يىلى

## زاپاس خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتى

1999 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى خەلق ئەسكەرلىرىدىن 850 مىڭ ئادەم (قېتىم)، ئاپتوموبىلدىن 2000 دانە (قېتىم) ئاجرىتىپ، ج خ تارماقلىرىغا ماسلىشىپ، 3000 دىن كۆپرەك ھەر خىل جىنايەت گۇماندارىنى تۇتتى. ئاپتونوم رايون قانات يايدۇرغان كۈرەش تېررورلۇق گۇرۇھىغا زەربە بېرىش مەخسۇس كۈرىشىدە خوتەن ۋىلايىتى زاپاس خەلق ئەسكەرلىرىدىن 14 مىڭ ئادەم (قېتىم) نى ئاجراتتى. ئۇلار ج خ تارماقلىرىغا ماسلىشىپ چارا قۇرۇپ دۈشمەنلەر ئۆزى ياسىغان گراناتا، ھەرخىل مىلتىق، ئوق قاتارلىق قاتىللىق قوراللىرىنى قولغا چۈشۈرۈپ، بۇ گۇرۇھنى ئۈزۈل - كېسىل بىتچىت قىلىش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇپ، ھەربىي كومىتېت رەھبەرلىرىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى. لوپ ناھىيىسى يۇرۇڭقاش بازىرىنىڭ جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرغۇچى خەلق ئەسكەرلىرى پەيى 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى پارتلىتىش قۇرۇلمىسى ئېلىپ ماڭغان مىللىي بۆلگۈنچىدىن 4 نى تۇتۇپ 510 تال گراناتىنى قولغا چۈشۈرۈپ، لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. مۇشۇ يىلدا ھەربىي رايونىنىڭ خەلق ئەسكەرلىرى ئۇچۇر تورىغا 80 نەچچە ئۇچۇر يوللىنىپ، كۈرەش گۇرۇھىنى بىتچىت قىلىش ئۈچۈن مۇھىم يىپ ئۇچى يەتكۈزۈپ بېرىلدى. 150 مىڭ خەلق ئەسكىرى (قېتىم) زاۋۇت، يول، كان، كۆزلۈك يىغىمىنى قوغداش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشتە مۇھىم رول ئوينىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە تۆمۈريول قوغداش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان 1000 دىن ئارتۇق خەلق ئەسكىرى 54 مۇھىم كۆۋرۈك، تونىللارنى يىل بويى قوغداپ، تورلۇك جىنايەت گۇماندارىدىن 55 نى تۇتۇپ، تۆمۈريولنىڭ بىخەتەر، راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى. ھەربىي رايوننىڭ يول قوغداش بىرلەشمە مۇداپىئە خىزمىتى تەجرىبىلىرى مەملىكەتلىك ھەر تەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتى، ج خ مىنىستىرلىكى، تۆمۈريول مىنىستىرلىكى ۋە باش شتاب سەپەرۋەرلىك بۆلۈمى ئاچقان «گۇبېلىن يىغىنى» دا كېڭەيتىلدى. ھەر دەرىجىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈملىرى چېگرا مۇداپىئەسى بويىچە ۋەزىپە ئىجرا قىلىشنى ئىزچىل مەركەز قىلىپ، ئارمىيە، ساقچى، ئەسكەر، خەلق ئەسكەرلىرى بىرلەشمە مۇداپىئەسىنى كۈچەيتتى. چېگرا مۇداپىئە خەلق ئەسكەرلىرىدىن 30 مىڭ ئادەم (قېتىم) چارلاشقا چىقىپ، چېگرىدىن ئۆتۈشكە ئۇرۇنغان 90 نەچچە ئادەم (قېتىم) نى توسۇپ قالدى. ھەربىي رايون 320 مىڭ خەلق ئەسكىرى (قېتىم) ئاجرىتىپ ئۈرۈمچى - كۈيتۇڭ تېز

سۇرئەتلىك تاشيولى، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولى، شىمالىي شىنجاڭ سۇ بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشى، ئۇلۇغچاتا سۇچىلىق تۇگۈنى قۇرۇلۇشىنىڭ قۇرۇلۇشىغا قاتناشتۇردى. كورلا، سانجى، قاراماي، خوتەن قاتارلىق جايلاردىكى زاپاس خەلق ئەسكەرلىرىدىن 80 نەچچە مىڭ ئادەم (قېتىم) ئۆز يېرىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىپ ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى. ھەر دەرىجىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈملىرى خەلق ئەسكەرلىرىنى باشلامچىلىق بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشقا، قانۇنسىز دىنىي كۈچلەرنىڭ تەسىرى ۋە ھەرخىل چىرىك ئىدىيىلەرنىڭ چىرىتىشىنى چەكلەشكە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۆز يېرىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشتى.

سۇڭ جېڭلى

## خەلق ئەسكەرلىرى ۋە زاپاس قىسىملارنىڭ ھەربىي تەلىم - تەربىيىسى

زاپاس قىسىملار تەلىم - تەربىيىسى 1999 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى زاپاس قىسىملاردىن 5065 كىشىنى ئەمەلىي مەشىق قىلدۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە مەجبۇرىيەت ئۆتەۋاتقان ئوفىتسېر 287، زاپاس ئوفىتسېر 837، ئەسكەر 3941 بولۇپ، يىللىق تەلىم - تەربىيە ۋەزىپىسىنىڭ 100.7% ى ئورۇندالدى.

تايانچ خەلق ئەسكەرلىرى تەلىم - تەربىيىسى 1999 - يىلى ھەربىي رايون تايانچ خەلق ئەسكەرلىرىدىن 17 مىڭ 305 نى تەربىيىلىدى، 16 مىڭ 621 كىشى لاياقەتلىك بولۇپ، يىللىق تەلىم - تەربىيە ۋەزىپىسىنىڭ 173.1% ى ئورۇندالدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەمەلىي مەشىققە قاتناشقان پىيادە ئەسكەر 6315 بولۇپ، 6107 كىشى لاياقەتلىك بولدى؛ ئەمەلىي مەشىققە قاتناشقان كەسپىي تېخنىكا ئەسكىرى 10 مىڭ 217 بولۇپ، 9796 كىشى لاياقەتلىك بولدى.

خەلق ئەسكەرلىرى جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش شۆبە ئەترەتلىرىنىڭ تەلىم - تەربىيىسى 1999 - يىلى خەلق ئەسكەرلىرى جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش شۆبە ئەترەتلىرىدىن 35 مىڭ 553 كىشى ئەمەلىي مەشىققە قاتناشتۇرۇلۇپ، يىللىق تەلىم - تەربىيە ۋەزىپىسىنىڭ 118.5% ى ئورۇندالدى. چېگرىغا ياردەم بېرىش ئۇرۇشى ۋە مۇقىملىقنى قوغداش ئاساس قىلىنغان ئەمەلىي دەرس تەلىم - تەربىيىسى نۇقتىلىق ئېلىپ بېرىلدى. جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرغۇچى 18 خەلق ئەسكەرلىرى يېڭى ۋە 39 خەلق ئەسكەرلىرى لىيەنى شتات بويىچە جىددىي ئاتلىنىش مانېۋىرى ئۆتكۈزدى. ھەربىي رايون باش شتاب تاپشۇرغان خەلق ئەسكەرلىرى جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش شۆبە ئەترەتلىرىنىڭ تەلىم - تەربىيە دەرسلىكىنى يېزىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى.

خەلق قوراللىق بۆلۈم كادىرلىرىنى تەربىيىلەش 1999 - يىلى ھەربىي رايون ئىلگىرى تەربىيىلەنمىگەن خەلق قوراللىق بۆلۈم كادىرلىرىنى 30 كۈنلۈك كۇرس ئېچىپ نۆۋەت بىلەن تەربىيىلىدى، جەمئىي 46 قارار كۇرس ئېچىپ، 2794 كىشىنى تەربىيىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە خەلق قوراللىق بۆلۈم كادىرى 617، مەخسۇس قوراللىق خىزمەت كادىرى 2177. خەلق قوراللىق بۆلۈم كادىرىدىن 110 ى ھەربىي رايون ئۇيۇشتۇرغان ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ 6 ئايلىق كۇرسىغا قاتناشتى.

خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ كەنت دەرىجىلىك ئامانلىق ساقلاش شۆبە ئەترەتلىرىنىڭ تەلىم - تەربىيىسى ھەربىي رايون «خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ كەنت دەرىجىلىك ئامانلىق ساقلاش شۆبە ئەترەتلىرىنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي تەلىم - تەربىيىسىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر» دېگەن ئۇقتۇرۇشنى تارقاتتى. ھەرقايسى ئورۇنلار ۋەزىپە ئىجرا قىلىش بىلەن تەلىم - تەربىيىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ھەربىي دەرسلىك بويىچە 15 كۈن نىشانلىق تەلىم - تەربىيە ئېلىپ باردى. تەلىم - تەربىيىگە قاتناشقانلار 125 مىڭ ئادەم (قېتىم) دىن ئاشتى.

خەلق قوراللىق كۈچلىرى مەكتىپىنىڭ ئوقۇتۇش خىزمىتى خەلق قوراللىق كۈچلىرى مەكتىپىدىكى 240 كۇرسانت ئوقۇشنى تاماملىدى، 120 يېڭى كۇرسانت قوبۇل قىلىندى. بۇ مەكتەپ ئوقۇتۇش ئىسلاھاتىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتىنى كەڭ قانات يايدۇردى.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەربىي تەلىم - تەربىيە خىزمىتى ئاپتونوم رايون بويىچە 16 ئالىي مەكتەپ ۋە 270 نەچچە ئوتتۇرا مەكتەپتە ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بېرىلدى، 49 مىڭ 400 ئوقۇغۇچى تەلىم - تەربىيىگە قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 8970، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 40 مىڭ 430. ئۈرۈمچى رايونىدىكى 6 ئالىي مەكتەپ ھەربىي تەلىم - تەربىيىگە قاتناشقان ئوقۇغۇچىلارنى تەشكىللەپ پارات ئۆتكۈزدى.

ۋۇ زۇخې

## خېيىمخەتەر ۋە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون 100 يىلدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچرىدى، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا 6 — 8 - ئايلاردا ئاپەت ئەھۋالى ئېغىر بولدى. ھەربىي رايون قىسىملىرى يەرلىكنىڭ خېيىمخەتەر ۋە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئىشىغا 74 قېتىم ياردەم بەردى، بۇنىڭغا 10 مىڭ 774 ئادەم، 476 ئاپتوموبىل

ئاجراتتى. زاپاس قىسىملار ۋە خەلق ئەسكەرلىرىدىن 8982 ئادەم (قېتىم) كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇپ خەتەردىن قۇتقۇزۇشقا تەشكىللەندى. تولۇقسىز مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، كەلكۈندە قاپسىلىپ قالغان ئاممىدىن 18 كىشى قۇتقۇزۇۋېلىنغان، ئاپەتكە ئۇچرىغان 240 ئائىلىلىك كەنت ئاھالىسى كۆچۈرۈلگەن، تېلېۋىزور، كىر ئالغۇ قاتارلىق ئائىلە ئېلېكتىر سايمىنىدىن 1700 نەچچىسى قۇتقۇزۇۋېلىنغان، 102 مىڭ 820 تاغارغا قۇم قاچىلانغان، 15 مىڭ 304 كۇب مېتىر توپا توشۇلغان ۋە بېسىلغان، 3700 كۇب مېتىر توپا - تاش پارتلىتىلغان، 630 توننا شېغىل چۈشۈرۈلگەن، 45 ماشىنا شاخ - شۇمبا توشۇلغان، 18 مىڭ 675 مېتىر دامبا پۇختىلانغان.

لى چېن، ليۇ دېشيالى

## ئارقا سەپ خىزمىتى

ئارقا سەپ تەلىم - تەربىيىسى 1999 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ بىرلەشمە لاۋازىمات بۆلۈمى 311 قارار كۇرس ئېچىپ، 12 مىڭ 271 ئادەمنى تەربىيىلىدى. ئارقا سەپ كەسپىي تېخنىكىسى بويىچە 106 قېتىم ماھارەت مۇسابىقىسى ئېلىپ باردى، بۇنىڭغا 1970 ئادەم قاتناشتى. ھەربىي رايون قىسىملىرىدا مۇئاۋىن يېمەكخانىلارنىڭ تەربىيىلىنىش نىسبىتى %91، مۇئاۋىن ليەنجاڭلارنىڭ تەربىيىلىنىش نىسبىتى %93، خوجىلىق باشلىقلىرىنىڭ تەربىيىلىنىش نىسبىتى %95 بولدى. %80 ئاساسىي قاتلام ليەندۈيلەردە بىردىن دەرىجىلىك مەسئۇل ئاشپەز ياكى ئاشپەز، %75 ليەندۈيلەردە بىردىن لاياقەتلىك باقمىچى ۋە تېرىقچى، %83 چېگرا مۇداپىئە ليەندۈيلىرىدە بىردىن لاياقەتلىك ماي ماشىنىسى باشقۇرغۇچىسى بار بولدى.

ئارقا سەپ تەمىناتى 1999 - يىلى قىسىملارنىڭ خىراجىتىگە كاپالەتلىك قىلىش نىسبىتى %103 بولدى. پىيادە ئەسكەرلەر مەلۇم شىمىدا پۈتۈن شى بويىچە يوتقان - كۆرپىلەرنى ئامباردا ساقلىماي تارقىتىپ بېرىش سىنىقى ئېلىپ بېرىلدى، بەدەنگە لايىقلاشتۇرۇش نىسبىتى %98 بولدى. ھەربىي ئاشلىق تەمىناتى شارائىتى يەنىمۇ ياخشىلاندى. 18 ترانسپورت ليەنى ئېگىزلىكتىكى چېگرا مۇداپىئە ترانسپورت ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئېگىزلىكتىكى قىسىملارغا 15 مىڭ 105 ماشىنا، 71 مىڭ 5 .196 توننا ھەرخىل ماددىي ئەشيا يەتكۈزۈپ بەردى، 34 مىليون 834 مىڭ كىلومېتىر يول يۈرۈپ «تەمىناتنى ئۈزۈپ قويماسلىق، تەمىنلەش نۇقتىلىرىنى چۈشۈرۈپ قويماسلىق، جىددىي ئەھۋال تۇغدۇرماسلىق، كاپالەتلەندۈرۈش كۈچلۈك بولۇش» تەلىپىنى ئىشقا ئاشۇردى. قىسىملار 9 مىليون 759 مىڭ يۈەنلىك ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەندى، قىسىملارنىڭ 280 مىڭ يۈەن خىراجىتى تېجەپ قېلىندى. قىسىملار 70 مىڭ توننا ھەرخىل ماي بىلەن تەمىنلەندى. قىسىملارغا ئۆلچەمدىن سىرت تەڭشەپ بېرىلگەن قوشۇمچە ياردەم مىيى 1400 تونندىن ئاشتى، ئەسكىرىي تۈرلەر 11 مىڭ تونندىن ئارتۇق ماي بىلەن تەمىنلەندى. 674 ئىسسىق قورۇلۇش ياسالدى، كۆلىمى 34 مىڭ 23 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. يىڭدىن تۈۋەن قىسىملارنىڭ 44 مىڭ 278 كۋادرات مېتىرلىق تۇرالغۇ ئۆيى پۈتكۈزۈلدى. تىببىي داۋالاش ئورۇنلىرىنىڭ تىببىي ئەخلاق، تىببىي ئىستىل قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىلىپ، دوختۇرخانىلارنى «ئا» دەرىجىلىك قىلىپ قۇرۇش پائالىيىتى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈلدى. ھەر دەرىجىلىك بىرلەشمە ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ئاپپاراتلىرى قۇرۇلۇپ، كاپالەتلەندۈرۈش ئەمەلىي گەۋدىلىرى تەڭشەلدى ۋە قوشۇۋېتىلدى.

چېگرا مۇداپىئە ليەندۈيلىرىنىڭ ۋەزىپە ئىجرا قىلىشى ئۈچۈن ئىسسىق تاماق قاچىسى سەپلەپ بېرىلىپ، چېگرا مۇداپىئە ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرىنىڭ قىش پەسلىدە ۋەزىپە ئىجرا قىلىشتا سوغۇقتىن ساقلىنىش مەسىلىسى ھەل قىلىندى. ھەربىي لاۋازىمەت، سەھىيە، گازارما، ماي قاتارلىقلار بويىچە ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت ئەترەتلىرى تەشكىللەندى، ئۇلار ئېگىزلىكتىكى چېگرا مۇداپىئە قاراۋۇلخانىلىرىغا بېرىپ، رېمونت قىلىش، تەربىيىلەش ۋە تېخنىكا مۇلازىمىتى ئىشلىرىنى قانات يايدۇردى، چېگرا مۇداپىئە 1 - سىپىدىكى جەڭچىلەرگە يېڭى، ئالاھىدە دورىلار تارقىتىپ بېرىلدى. ئەسلىھە، ئۈسكۈنىلەرنى ياخشى باشقۇرۇش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىندى.

ئارقا سەپ - تەمىنات باشقۇرۇش 1999 - يىلى ھەربىي رايون 19 مىليون 561 مىڭ يۈەنلىك خام چوتنى تەڭشىدى، 22 مىليون 430 مىڭ يۈەنلىك خام چوت چىقىمىنى ئازايتتى. %95 شتاتلىق شى، لۈي، تۈەنلەرنىڭ خام چوت كىرىم - چىقىمى تەكشۈرۈلدى. باشقا %90 ئورۇننىڭ كىرىم - چىقىمى ھەممە جەھەتتىن تەكشۈرۈلدى. تۈەندىن يۇقىرى %9 ،80 ئورۇننىڭ ئىقتىسادى بەلگىلەنگەن ئاساس سانغا يەتتى. %95 ئاساسىي قاتلام ليەندۈي مالىيە باشقۇرۇشتا «ئۈچتە ياخشى بولۇش، بەش بولماسلىق» ئۆلچىمىگە يەتتى. ھەربىي رايون قىسىملىرىنىڭ گۆش بىلەن ئۆزىنى تەمىنلەش نىسبىتى %83، كۆكتات بىلەن ئۆزىنى تەمىنلەش نىسبىتى %79 بولدى. مۇشۇ يىلدا تۈەندىن يۇقىرى ئورۇن (تارماق) دىن 349 ى ئۈستىدە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىندى، تەپتىش قىلىنغان سوممىسى 6 مىليارد 864 مىليون يۈەن بولۇپ، 39 مىليون 160 مىڭ يۈەنلىك چىقىم تېجەپ قېلىندى، 420 مىڭ يۈەن ئىنتىزامغا خىلاپ پۇل، 2 مىليون 600 مىڭ يۈەن زىيانغا ئۇچرىغان، ئىسراپ قىلىنغان پۇل ئېنىقلاپ چىقىلدى،

يۈكەپ ئىشلىتىلگەن 2 مىليون 870 مىڭ يۈەن خىراجەت قايتۇرۇپ كېلىندى. ھەربىي رايون بويىچە 18 تۈەن دەرىجىلىك ئورۇن ئازلىقتا «ئا» دەرىجىلىك ئورۇن بولدى، %90 تىن ئارتۇق شى دەرىجىلىك ئورۇن، %85 تىن ئارتۇق تۈەن دەرىجىلىك ئورۇن پاكىز گازارما دوختۇرخانا ئۆلچىمىگە يەتتى. قىسىملاردا كېچە - كۈندۈز كېسەل قوزغىلىش نىسبىتى ‰1.26، يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ قوزغىلىش نىسبىتى ‰0.8 كىچىدە، تىزگىنلەندى. جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرغۇچى زاپاس ئۈرۈش قىسىملىرى ئاپتوموبىللىرىنىڭ ساق تۇرۇش نىسبىتى %92، باشقا قىسىملارنىڭ %85 بولدى. ھەربىي رايون قىسىملىرى ماي ئامبار (پونكىت) لىرىنىڭ ئەھۋالى ئېنىقلىنىپ ۋە تەرتىپكە سېلىنىپ، ھەربىيلەر ئىشلىتىدىغان مايىنىڭ سىرتقا ئېقىپ كېتىشى توسۇلدى. ماي ئەمىناتىنى باشقۇرۇشنى مۇنتىزىملاشتۇرۇش، بازا ماي ئامبارلىرىنى باشقۇرۇش دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ۋە قىسىم ماي ئامبار (پونكىت) لىرىنى «ئىككىدە ئەلا بولۇش» ئۆلچىمىگە يەتكۈزۈش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، ھەربىي رايون بويىچە تۈەن دەرىجىلىك 51 ئورۇن ئۆلچەمگە يەتتى، شى دەرىجىلىك 5 ئورۇن ئومۇمىيۈزلۈك ئۆلچەمگە يەتتى، بازا ماي ئامبىرىدىن بىرى 2 - دەرىجىلىك ئۆلچەمگە، 3 ى 3 - دەرىجىلىك ئۆلچەمگە، قىسىم ماي ئامبار (پونكىت) لىرىنىڭ %35 ى «ئىككىدە ئەلا» بولۇش ئۆلچىمىگە يەتتى. گازارما مۈلكىنى باھاغا سۇندۇرۇپ باشقۇرۇش ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلدى، تۈەندىن يۇقىرى 30 ئورۇننىڭ گازارما رايونىنى باھاغا سۇندۇرۇپ باشقۇرۇش ئۆلچەمگە يەتتى.

لۇ يەنتاۋ، يۈ چاۋ

## ئاپتوموبىل - كېمە، جابدۇقلارنى رېمونت قىلىش ۋە سايمانلارغا كاپالەتلىك قىلىش خىزمىتى

1999 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايون قىسىملىرى 3705 ئاپتوموبىل (قېتىم) نى 2 - دەرىجىلىك، 2213 ئاپتوموبىل (قېتىم) نى 3 - دەرىجىلىك ئاسرىدى؛ 545 ئاپتوموبىلنى چوڭ، 368 ئاپتوموبىلنى ئوتتۇراھال رېمونت قىلدى. ھەربىي رايون 8 مىليون 900 مىڭ يۈەنلىك ھەممىباب ئاپتوموبىل - جابدۇق رېمونت قىلىش سايمىنى تەييارلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە قىسىملارغا بېرىلگەن ھەرخىل سايماننىڭ قىممىتى 8 مىليون 10 مىڭ يۈەن، ئاساسىي قاتلام قىسىملىرىغا باھاسى بويىچە ئاجرىتىپ بېرىلگەن ھەرخىل ئاپتوموبىل رېمونت سايمىنىنىڭ قىممىتى 240 نەچچە مىڭ يۈەن. شىنجاڭ بويىچە ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى ئىشلەپدىغان 25 كارخانا بىلەن سايمانلارنى بۆلەكلەر بويىچە نۇقتا بەلگىلەپ سېتىۋېلىش توختامى تۈزۈلدى. جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى قىسىملىرىنى زاۋۇتتىن بىۋاستە 1540 يۈرۈش بالون بىلەن تەمىنلەش ئىشى ماسلاشتۇرۇلدى ۋە ئۇيۇشتۇرۇلدى، بۇنىڭ بىلەن 100 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق خىراجەت تېجەپ قېلىندى. جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى قىسىملىرىغا ئۇرۇش تەييارلىقى سايمانلىرىنى ساقلايدىغان 168 ساندۇق سەپلەپ بېرىلدى. 80 مىڭ يۈەن مەبلەغ توپلىنىپ، جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرغۇچى زاپاس ئۇرۇش قىسىملىرىنىڭ تاكتىكىلىق سايمان ساقلايدىغان 240 ساندۇقى ئۆزگەرتىپ ياساپ بېرىلدى. 2 مىليون يۈەن قىممىتىدىكى يېڭى سايمان تولۇقلىنىپ، نۇقتىلىق قىسىملارنىڭ ئۇرۇش تەييارلىقى قورۇلۇشى كۈچەيتىلدى.

مۇشۇ يىلدا ئاپتوموبىل تېخنىك ئىشچىسىدىن 230 ى تەربىيىلەندى. شىنجاڭ ھەربىي رايونىدىن 10 كوماندا لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ شتاتلىق ئاپتوموبىللارنى 2 - دەرىجىلىك ئاسراش بويىچە ھۈنەر - سەنئەتتە ماھارەت كۆرسىتىش 5 كىشىلىك مۇسابىقىگە قاتناشتى، «36141» قىسىم كوللېكتىپ 2 -، «36429» قىسىم 4 - بولدى، «36326» قىسىم مەنىۋى مەدەنىيلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. «36429» قىسىم نەزەرىيە تۈرى بويىچە 1 - بولدى؛ «36141» قىسىمدىن 2 جەڭچى يەككىلەرنىڭ ئومۇمىي ماھارەت كۆرسىتىشى بويىچە ئەلا دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ۋاڭ يەن، لى خەيرۇي

## ھەربىي ئىشلار نەزەرىيىسى تەتقىقاتى

1999 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى قوماندانلىق شتابى ئورگىنى ھەربىي ئىشلار نەزەرىيىسى تەتقىقاتى خىزمىتىدە قىسىملارنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى ۋەزىيەتتىكى ئارمىيە باشقۇرۇشنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتى ئۈستىدە چوڭقۇر ئىزدىنىش ئېلىپ باردى. شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ يۇگوسلاۋىيە ئىتتىپاقىنى بومباردىمان قىلغانلىقىغا قارىتا، قوماندانلىق شتابى ئورگىنىنىڭ كوسوۋو مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىش يىغىنى ئاچتى. ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى جياڭ زېمىننىڭ «ئىككىگە قاتتىق دىققەت قىلىش» توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقى ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ بىر يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن، ھەربىي كۈرەش تەييارلىقى ۋە مۇقىملىقنى ساقلاش خىزمىتىگە دائىر تەتقىقات ۋەزىپىسى ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، بىرقەدەر يۇقىرى سۈپەتلىك بىر تۈركۈم تەتقىقات نەتىجىلىرى ئوتتۇرىغا چىقىرىلدى. مۇشۇ يىل ئىچىدە، مەملىكەت ۋە ئارمىيە دەرىجىلىك مەتبۇئاتلاردا 398، ھەربىي رايون دەرىجىلىك مەتبۇئاتلاردا 866 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 58 ئىلمىي ماقالە مەملىكەت، ئارمىيە ۋە لەنجۇ ھەربىي

رايونى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تۈرلۈك ئىلمىي مۇھاكىمە پائالىيەتلىرىدە مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، 6 مەخسۇس ئەسەر تەتقىق قىلىپ يېزىلدى ياكى تۈزۈپ نەشر قىلىشقا ئىشتىراك قىلىندى. ئارمىيىنىڭ 9 - بەش يىللىق پەن تەتقىقات تېمىسىغا كىرگۈزۈلگەن 2 تەتقىقات دوكلاتىنى تەتقىق قىلىش ۋە يېزىش ۋەزىپىسى تاماملاندى ھەمدە بۇ 2 دوكلات باھالاپ بېكىتىشتىن ئۆتتى.

ۋاڭ ئېنفا

## پەن - تېخنىكا خىزمىتى

1999 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ 30 ھەممىباب قورال - ياراغ تېخنىكىسى نەتىجىسى ئارمىيىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە «FYC02A تىپلىق مۇنچا ماشىنىسىنىڭ پارقازىنىنى رېمونت قىلىش، تەكشۈرۈپ ئۆلچەشكە ئىشلىتىلىدىغان قوراشتۇرۇش - چۇۋۇش ماشىنىسى» ۋە «AUTOCAD چوڭ ماشتابلىق، سىفىرلىق خەرىتە سىزىش سىستېمىسى» 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ «LRJ9901 ئاخىرقى ئۇچ»، «ئادام ناملىق ھاۋا يېگىلىغۇچنى خىمىيىۋى ئۇسۇلدا ئانالىز قىلىش تەتقىقاتى»، «يۈركۈش ماشىنىسىنى دالا ئۇرۇشى شارائىتىدا تېز رېمونت قىلىش ساندۇقى»، «زەھەر سۈزگۈچ باكنى زىيان - زەخمەتسىز تەكشۈرۈپ ئۆلچەش تېخنىكىسى ھەققىدىكى تەتقىقات»، «چاقلىق ماشىنا (زەمبىرەك) لارنىڭ تىنچ ھالەتتىكى تورمۇزىنى ئۆلچەش ئەسۋابى»، «قىسقا دولقۇنلۇق ماشىنا ئارقىلىق بېرىلگەن مەلۇماتنى مەركەزلەشتۈرۈپ كۆچۈرۈپ قوبۇللاپ بىرتەرەپ قىلىش - ئۆزىتىش سىستېمىسى»، «2 — 63 تىپلىق برونېۋىك ئۇنىۋېرسال تەلىم - تەربىيىسىگە ئىشلىتىلىدىغان تەقلىدىي برونېۋىك»، «PCM30 يول ئۆللىرى توغرىسىدىكى راتسىيە مەلۇماتىنى توپلاپ كونترول قىلىش - قوغداش ئەسلىھەسى»، «زەمبىرەك ئوقىنى سۇلياۋ بىلەن ھىملەيدىغان 2 — 63 تىپلىق ھەممىباب ھىملىگۈچ»، «كەڭ كۆلەمدە ئۆتەك پەيدا قىلىپ نىقابلىنىش تېخنىكىسى تەتقىقاتى»، «قۇرۇقلۇق زەمبىرەكلىرى رادارىنىڭ ئىقتىدارىنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەيدىغان ھەممىباب ئۆلچىگۈچ»، «چېگرا مۇداپىئە چارلاش ئىشلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان كىچىك قۇۋۋەتلىك راتسىيىلەر مەخپىي سىفىرىنى بەلگىلەش ئەسۋابى»، «371 تىپلىق رادارغا مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان توك مەنبەسى»، «كۆپ ۋاستىلىك تەلىم - تەربىيە سىستېمىسى»، «ئۆتەك باكى (ئوقى) نىڭ كۆيۈش مەسىلىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات»، «(پىستان — 6، تىپلىق پىستانىنىڭ ئوت ئېلىش ئىقتىدارىنى تەجرىبە قىلىش ئەسۋابى» ۋە «توپچى قىسىملار گازارمىسىنىڭ ئۇلاپ ئوت ئېچىشىنى ZSD — 200A تىپلىق كۆپ مەنبەلىك ھېسابلىغۇچ بىلەن تېز رەتلەش - ئۆلچەش نەتىجىسى» 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ «ھەربىي رايوننىڭ ئوق - دورىلارنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەش ئاپپاراتىنىڭ كۆپ ۋاستىلىك ئۇچۇر باشقۇرۇش سىستېمىسى»، «تانكا ئالاقىسى ئۇنىۋېرسال مەشقىدىكى 5 مەشغۇلات — تەقلىدىي تەلىم - تەربىيە سىستېمىسى»، «رەھبىرىي ئورگاننىڭ ئۆگىنىش - خىزمەت قىلىشىغا ياردەم بېرىش سىستېمىسى»، «ھەممىباب رادار جابدۇقلىرىنى رېمونت قىلىشقا يىراقتىن ياردەم بېرىش سىستېمىسى»، «LZD — 1 تىپلىق ئەقلىي ئىقتىدارلىق تېز سۈرئەتتە توك قاچىلاش ئەسۋابى»، «59 تىپلىق تانكا شامالدۇرغۇچنىڭ ئىشلىگەن - ئىشلىمىگەنلىكىدىن سىگنال بېرىش قۇرۇلمىسى»، «59 تىپلىق تانكىنىڭ يان تورمۇزىنى چۇۋۇپ قوراشتۇرۇش ماشىنىسى»، «تانكا ئاككۇمۇلياتورىنى قوراشتۇرۇش ماشىنىسى»، «ئۆزگىرىشچان چاستوتىلىق، كۆتۈرۈپ يۈرۈشكە ئەپلىك بولغان توك ئۆشكىسى بىلەن رېزىنا چىقىرىش ئۈستىدىكى ئەمەلىي تەجرىبىلەر»، «تانكا پىلىموتىنى پەسكە قارىتىپ ئېتىشقا ياردەم بېرىش قۇرۇلمىسى» ۋە «قارىغا ئېتىش تەلىم - تەربىيىسىدە ئىشلىتىلىدىغان يورۇقلۇق چىقىرىدىغان ئوق» 4 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

چياۋ رۇبىڭ

## ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت، مائارىپ

1999 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى 2180 كادىرنى زامانىۋى ھەربىي ئىشلار يۇقىرى پەن - تېخنىكىسى، سىياسىي خىزمەت، قانۇن، ئىگىلىك باشقۇرۇش قاتارلىق 8 كەسىپتە سىرتتىن ئوقۇتۇشقا ۋە ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئىمتىھانىغا قاتناشتۇردى، 5000 جەڭچىنى تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىكلىرىنى تولۇقلاپ ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى. 1357 جەڭچى رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىگە كىرىپ ئوقۇدى. 446 جەڭچى ۋە 1500 كادىر ئوتتۇرا تېخنىكوم، ئالىي تېخنىكوم ۋە تولۇق كۇرس ئوقۇش تارىخىغا ئىگە بولدى. 20 مىڭدىن ئارتۇق ئوفىتسېر - ئەسكەر تۈرلۈك كەسپىي تېخنىكا دەرىجە گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى. يىل ئاخىرىغا قەدەر، ھەربىي رايون قىسىملىرىدىكى كادىرلار ئىچىدە ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە بولغانلارنىڭ نىسبىتى 63% كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تۇەندىن يۇقىرى كادىر 90%. تولۇق كۇرس ۋە ئاسپىرانت مەلۇماتىدىكىلەر بۇرۇن 10% كىمۇ يەتمەيتتى، ھازىر 35% كە يەتتى. جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرىدىغان زاپاس ئۇرۇش قىسىملىرى كادىرلىرى ئىچىدە ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە بولغانلارنىڭ نىسبىتى 50% تىن كۆپرەككە يەتتى.

جاۋ شياۋپىڭ

## ئاخباراتچىلىق خىزمىتى

1999 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ 1818 پارچە ماقالىسى «شىنخۇا» ئاگېنتلىقى، «خەلق» گېزىتى، ئازادلىق ئارمىيە گېزىتى، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى، «نۇر» گېزىتى، «جۇڭگو ياشلىرى» گېزىتى، جۇڭگو دۆلەت مۇداپىئەسى گېزىتى، ئازادلىق ئارمىيە رەسىملىك ژۇرنىلىدىن ئىبارەت 9 ئاخبارات ئورنى تەرىپىدىن ئىشلىتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - بەتنىڭ باش تەرىپىگە بېرىلگىنى 26 پارچە. 11 پارچە ماقالە ئازادلىق ئارمىيە گېزىتى تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر ماقالە بولۇپ باھالاندى. «خەلق ئارمىيىسى گېزىتى» دە ئىشلىتىلگەن ماقالە 2108 پارچە بولۇپ، 1 - بەتنىڭ باش تەرىپىگە بېرىلگىنى 36 پارچە. مەركەز دەرىجىلىك گېزىت - ژۇرناللاردا 300 نەچچە پارچە ئاخبارات سۈرئىتى ئىشلىتىلدى. ھەربىي رايون سىياسىي بۆلۈمى، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمى تېلېۋىزىيە مەركىزى ئازادلىق ئارمىيە تېلېۋىزىيە تەشۋىقات مەركىزىنىڭ ھەربىي رايوندا تۇرۇشلۇق مۇخبىرلار پونكىتىغا ياردەملىشىپ سۈرەتكە ئالغان 9 قىسىملىق تېلېۋىزىيە مەخسۇس فىلىمى «غەربىي قىسىم ئېگىزلىكىدىكى چېگرا مۇداپىئە سەپىرى» ۋە بىگتۇەن ھەربىي ئىشلار بۆلۈمى سۈرەتكە ئالغان 9 قىسىملىق مەخسۇس تېلېۋىزىيە خەۋىرى «بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈپ چېگرا رايوننى قوغداشقا تۆھپە قوشۇش مارشى» مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىدا ئۇدا كۆرسىتىلگەندىن كېيىن، ئارمىيە ئىچى - سىرتىدا بىرقەدەر زور تەسىر قوزغاپ، باش سىياسىي بۆلۈم ئازادلىق ئارمىيە تېلېۋىزىيە مەركىزى رەھبەرلىرىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى.

ۋاڭ شىنۋېي

## سەھىيە خىزمىتى

شىنجاڭ ھەربىي رايونى 1999 - يىل 5 - ئايدا ئۈرۈمچى ھەربىي تېببىي ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرىدىغان 30 سېستىرانى كونئېنلۇن ئېگىزلىكىگە ئېلىپ بېرىپ، شارائىتقا ماسلاشتۇرۇش تەلىم - تەربىيىسىگە قاتناشتۇردى، 22 كۈنلۈك تەلىم - تەربىيە داۋامىدا كۆرسانتلار تەربىيە ئېلىپلا قالماي، چېگرا مۇداپىئە قاراۋۇلخانىلىرىغا شەپقەت يەتكۈزدى. 6 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھىرىدە سېستىرالىق كەسپى بويىچە ماھارەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 16 كوماندا، 78 ماھىر قاتناشتى، 5 كوماندا، 42 شەخس ھەربىي رايون ۋە بىرلەشمە لاۋازىمات بۆلۈمىنىڭ ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئارقىلىق تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

1999 - يىلى تۆەندىن يۇقىرى 9 ئورۇن لەنجۇ ھەربىي رايونى ئۆلچىمىدىكى سەھىيە ئورنى بولۇش بويىچە سىناش ۋە تەكشۈرۈپ باھالاشتىن ئۆتتى، تۆەندىن يۇقىرى 5 ئورۇن پۈتۈن ئارمىيە ئۆلچىمىدىكى سەھىيە ئورنى بولۇش بويىچە سىناش ۋە تەكشۈرۈپ باھالاشتىن ئۆتتى، %95 ئاساسىي قاتلام سەھىيە ئورنى قۇرۇلۇش ئۆلچىمىگە يەتتى، قىسىملارنىڭ سەھىيە ئومۇمىي سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى. مۇشۇ يىل ئىچىدە چارۋىلار ئارىسىدا پەيدا بولغان 5 - نومۇرلۇق يۇقۇملۇق كېسەل 6 ۋىلايەتنىڭ 66 يۇقۇملىنىش نۇقتىسىغا تارقالدى، ھەربىي رايون ۋاقتىدا جىددىي يىغىن ئېچىپ، ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ قىسىملارغا تارقىلىشىنى توسۇپ قالدى.

مۇشۇ يىلدا ھەربىي رايونغا قاراشلىق ھەرقايسى دوختۇرخانىلارنىڭ ئامبۇلاتورىيە مىقدارى 946 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە، داۋالانغان ياردار ۋە كېسەللەر 56 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. 544 ئادەم (قېتىم)، 104 داۋالاش ئەترىتى ئاجرىتىلىپ چېگرا مۇداپىئە ۋە ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىدا 25 مىڭ ئادەم (قېتىم) نىڭ كېسىلى كۆرۈلدى، 14 مىڭ ئادەم (قېتىم) نىڭ سالامەتلىكى تەكشۈرۈلدى. تېببىي پەن تەتقىقاتى خىزمىتىدە 33 تۈرلۈك پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى قولغا كەلتۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئارمىيە 3 - دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن تۈر 7، 4 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن تۈر 26. 302 ئادەم بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىلدى، 211 ئادەم ھەرخىل ئۆگىنىش كۇرسلىرىغا قاتناشتۇرۇلدى، ئارمىيىدىن ۋە يەرلىكتىن 169 ھەرخىل پراكتىكانت قوبۇل قىلىندى، 580 سەھىيە خادىمى يېڭىدىن تەربىيىلەندى، 296 كىشى قايتا تەربىيىلەندى.

دورا ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەش، دورا باشقۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىش شۇنداقلا پاكلىق قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارغا ئائىت بىرقاتار قائىدە - تۈزۈملەر تۈزۈپ چىقىلدى. دورا ماتېرىياللىرىنى سېتىۋېلىش - دورا ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەشنى ئاشكارا نازارەت قىلىش تەدبىرلىرى قوللىنىلىپ، ۋاقتى ئۆتكەن 380 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى 306 خىل دورا ئېنىقلاپ چىقىلىپ كۆيدۈرۈۋېتىلدى. قىسىملار 21 مىليون يۈەنلىك دورا ماتېرىيالى بىلەن تەمىنلەندى. ئېگىزلىكتىكى چېگرا مۇداپىئە لىيەندۈيلىرىگە 630 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى يېڭى، ئالاھىدە دورىلار ئەۋەتىپ بېرىلدى. تۆۋەندىكى قىسىملارغا 592 ئاپتوموبىل (قېتىم) دورا يەتكۈزۈپ بېرىلدى. داۋالاش سايمانلىرىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ رېمونت قىلىش گۇرۇپپىسى ئاساسىي قاتلام قىسىملىرىنىڭ 620 داۋالاش سايمىنىنى رېمونت قىلىپ بەردى، 55 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى 218 خىل دېتال ۋە زاپچاس بىلەن ھەقسىز تەمىنلىدى.

1999 - يىلى كادىرلار دەم ئېلىش ئورۇنلىرىدىكى داۋالاش ئۆيلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى، كادىرلار دەم ئېلىش ئورنىدىكى 2 داۋالاش ئۆيىنىڭ دەرىجىسى ئارمىيە ئۆلچىمىگە، 6 داۋالاش ئۆيىنىڭ دەرىجىسى ھەربىي رايون ئۆلچىمىگە يەتتى. مۇشۇ يىل ئىچىدە شىدىن يۇقىرى كادىرلارنىڭ 88.5% ىنىڭ، تۇەندىن تۆۋەن كادىرلارنىڭ 82.4% ىنىڭ سالامەتلىكى تەكشۈرۈلدى. شىدىن يۇقىرى 82 كادىرغا ساقلىقنى ساقلاش كىنىشكىسى بېجىرىپ بېرىلدى. تۇەندىن يۇقىرى 396 كادىر ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ دەم ئېلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 140 يارىدار، كېسەل، مېيىپ ئوفىتسېر - ئەسكەرگە مېيىپلىق كىنىشكىسى بېجىرىپ بېرىلدى. ھەربىي رايوننىڭ تۈرلۈك چوڭ پائالىيەتلىرىگە داۋالاش - ساقلىقنى ساقلاش گۇرۇپپىسىدىن 41 تۈركۈم (قېتىم) دا 79 ئادەم (قېتىم) دا ئەۋەتىلدى.

1999 - يىلى ھەربىي رايون پىلانلىق تۇغۇت بويىچە 11 قارار كۇرس ئېچىپ، 670 نەچچە تايانچنى تەربىيىلىدى. 260 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، لەنجۇ ھەربىي رايونى ئۈرۈمچى باش دوختۇرخانىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ پىلانلىق تۇغۇت، سۈپەتلىك تۇغۇش - ئوبدان تەربىيىلەش تېخنىكا يېتەكچىلىك پونكىتى (ئۆيى) لىرىنىڭ قۇرۇلۇشى قېلىپلاشتۇرۇلدى ھەمدە ھەربىي رايون پىلانلىق تۇغۇت كادىرلىرى كۆرىكى ئۆتكۈزۈلدى. تۇغۇت يېشىدىكى 21 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە سۈپەتلىك تۇغۇش - ئوبدان تەربىيىلەش بويىچە تېخنىكا مۇلازىمىتى قىلىندى، تۆۋەنگە 70 نەچچە مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى پىلانلىق تۇغۇت دورىلىرى يەتكۈزۈپ بېرىلدى. پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغىنىغا 10 يىلدىن ئاشقان 5 كادىر ئارمىيە بويىچە تەقدىرلەندى.

ليۇ يۇتاڭ

## يېزا ئىگىلىك - قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىشى

1999 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى قىسملىرى (ھەربىي ئات فېرمىلىرى بۇنىڭ سىرتىدا) 15 مىڭ 800 گېكتار يەرگە ھەرخىل زىرائەت تېرىدى. 22 مىڭ 900 توننا ئاشلىق، 2927 توننا ياغلىق دان، 12 مىڭ 600 توننا چىگىتلىك پاختا، 11 مىڭ توننا قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە، 36 مىڭ 500 توننا كۆكتات ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 28 مىڭ 900 تۇياق چوشقا، 80 نەچچە مىڭ تۇياق كالا - قوي، 233 مىڭ ئۆي قۇشى قالدى. 206 گېكتار سۇ يۈزىدە بېلىق بېقىلدى، 9 مىليون 600 مىڭ بېلىقجان قويۇپ بېرىلدى. 4916 توننا گۆش، 2541 توننا بېلىق، تۇخۇم، 587 توننا سۈت ئېلىندى. ھەربىي رايون قىسىملىرىنىڭ گۆش بىلەن ئۆزىنى تەمىنلەش نىسبىتى 83.1%، كۆكتات بىلەن ئۆزىنى تەمىنلەش نىسبىتى 78.9% بولدى. مۇشۇ يىلدا يېزا ئىگىلىك - قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 184 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 66 مىليون 662 مىڭ 300 يۈەن پايدا ئېلىندى. مەكىت بازىسى، كۆيتۇڭ دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ يىللىق پايدىسى 5 مىليون يۈەندىن ئاشتى، شىخەنزە بازىسى، خېجىڭ، كۇچا، قاغىلىق، داتيەنفاڭ قاتارلىق 6 دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ يىللىق پايدىسى 1 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتتى، شىنخۇ، خۇڭخۇ، شياۋلىجۇاڭ، قىزىلبايراق، شاڭخو قاتارلىق 11 دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ يىللىق پايدىسى 500 مىڭ يۈەندىن ئاشتى.

1999 - يىلى 3 باش بۆلۈم ئومۇمىي بۇيرۇق چىقىرىپ، ئارمىيە بويىچە 1998 - يىللىق يېزا ئىگىلىك - قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىشىدىكى ئىلغار ئورۇن ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلىدى. جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئارمىيە بويىچە «كۆك - تاق» قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى، «36141» قىسىمنىڭ كۆيتۇڭ دېھقانچىلىق مەيدانى ئارمىيە بويىچە ئىلغار دېھقانچىلىق مەيدانى بولۇپ باھالاندى. «36175» قىسىم، «36914» قىسىم، «36922» قىسىملارنىڭ قوشۇمچە يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرى ئارمىيە بويىچە ئىلغار قوشۇمچە يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بولۇپ باھالاندى. شىنجاڭ ھەربىي رايونى بىرلەشمە ۋەزىپە ئىجرا قىلىش بۆلۈمى ھەربىي لاۋازىمات باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ ئېنرۇڭ، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئارقا سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى مۇ ۋېي، «36919» قىسىمنىڭ باشلىقى جاۋ جىڭگۇاڭلار يېزا ئىگىلىك - قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىشىدىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى. شىخەنزە بازىسىنىڭ مۇدىرى شېن شىكۈەن، كۆيتۇڭ دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ باشلىقى گاۋ يەنجاڭلار ئارمىيە بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.

جاڭ خۇڭشىڭ، گو جۈن

## ھەربىي سانائەت كارخانىلىرى

1999 - يىلى لەنجۇ ھەربىي رايونى ئۈرۈمچى زاۋۇت باشقۇرۇش ئىدارىسىگە قاراشلىق زاۋۇتلار، ھەربىي ئات فېرمىلىرى ياراتقان سانائەت - يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 188 مىليون 455 مىڭ يۈەنگە، يۇقىرىغا تاپشۇرغان باج 7 مىليون 52 مىڭ يۈەنگە يەتتى. كارخانىلاشقان زاۋۇتلارنىڭ پايدا - زىيىنى بالانس قىلىنغاندىن كېيىنكى ئەمەلىي ياراتقان پايدىسى 4 مىليون 980 مىڭ يۈەن بولدى. ھەربىي ئات فېرمىچىلىق سىستېمىسىدا 5 مىليون 250 مىڭ

يۈەن زىيان كۆرۈلدى. ھەربىي ئات فېرمىلىرى 9555.07 گېكتار يەرگە ھەرخىل دېھقانچىلىق زىرائەتى تېرىپ، 24 مىڭ 352 توننا ئاشلىق - ماي ئالدى.

1999 - يىلى ھەربىي كومىتېتنىڭ ئارمىيىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى ۋە كارخانىلىرىنى ئىستراتېگىيىلىك تەڭشەش ۋە ساھەلەر بويىچە باشقۇرۇش توغرىسىدىكى يوليورۇقىغا ئاساسەن، زاۋۇت باشقۇرۇش ئىدارىسى پارتكومى بىر قېتىمدىلا 4 قورال - جابدۇق رېمونت زاۋۇتى (7438 -، 7324 -، 7439 -، 7454 - زاۋۇتلار) نىڭ ئادىمى، مۈلكى ۋە ھەقدارلىق، قەرزدارلىق ئىشلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆتكۈزۈپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە مەجبۇرىيەت ئۆتەۋاتقان كادىر ۋە خىزمەتچى خادىمدىن 14 نى ئاجرىتىپ، قورال - جابدۇق بۆلۈمىگە قاراشلىق زاۋۇت باشقۇرۇش بۆلۈمى قۇردى. زاۋۇت باشقۇرۇش ئىدارىسى «شىنجاڭ ھەربىي سانائەتى ئىمپورت ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى شىركىتى» ۋە «شىنجاڭ ھەربىي سانائەتى خەلققە كېرەكلىك بۇيۇملار - ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى تىجارەت ئورنى» دىن ئىبارەت 2 كارخانىنىڭ مۈلكى ۋە ھەقدارلىق - قەرزدارلىقىنى بىر قېتىمدىلا ھەقلىق ئۆتكۈزۈپ بەردى.

1999 - يىلى «1 - ئاۋغۇست» سېمونت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى سۈپەت باشقۇرۇش تۈزۈمى ۋە تەرتىپى قاتارلىق ئىشلارغا ئائىت 92 ھۆججەت تۈزدى. 1 - بولۇپ ISO9002 سۈپەت سىستېمىسى بويىچە گۇۋاھلىق گۇۋاھنامىسى ئالدى. 375 مىڭ توننا سېمونت سېتىپ، 70 مىليون يۈەن مال پۇلىنى قايتۇرۇۋېلىپ، 6 مىليون 700 مىڭ يۈەن پايدا ئالدى. بۇ شىركەت ئىشلەپچىقارغان «غەربىي يۇرت» ماركىلىق سېمونت جۇڭگو بىناكارلىق ماتېرىياللىرى تەتقىقات جەمئىيىتى تەرىپىدىن جۇڭگونىڭ 1999 - يىلدىكى 10 چوڭ داڭلىق مەھسۇلاتىنىڭ بىرى بولۇپ باھالاندى. ئارمىيە مەتبۇئاتچىلىق تېخنىكىسى جەمئىيىتىنىڭ 12 - قېتىملىق كىتاب - ژۇرناللارنىڭ بېسىلىش سۈپىتىنى تەكشۈرۈشىدە، 7220 - زاۋۇت 1996 - يىلدىكى 59 - ئورۇندىن بىر سەكرەپلا 8 - ئورۇنغا ئۆتۈپ، ئارمىيە بويىچە مۇنەۋۋەر سۈپەت باشقۇرۇش لوڭقىسىغا ئېرىشتى. بۇ زاۋۇتنىڭ 88 مەھسۇلاتى مەملىكەت، ئارمىيە، ئاپتونوم رايون بويىچە ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات دېگەن نامغا ئېرىشتى. 7555 - زاۋۇتنىڭ مەھسۇلاتلىرى ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا GIS كارخانا ئوبرازىنى ئايرىش سىستېمىسىغا كىردى ھەمدە «تۆبۆ» دېگەن مەھسۇلات نامىنى ماركا قىلىپ تۇرغۇزدى. 7009 - زاۋۇت «ئارمىيە تاجى» ناملىق داڭلىق ماركىنى ياراتقاندىن بۇيان ئىقتىسادىي ئۈنۈمى شىنجاڭدىكى ئوخشاش كەسىپتىكى كارخانىلار ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇردى.

فۇ شياۋبەن

## مەدەنىيەت خىزمىتى

1999 - يىلى ھەربىي رايوننىڭ ھەربىي ئوركېستىر ئەترىتى دۆلەت بايرىمى مۇراسىمىدا ئوركېست ئورۇنداش ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىدى. ئارمىيە بويىچە 14 ئىشتىن سىرتقى ھەربىي ئوركېستىر ئەترىتى كەسپىي جەھەتتىكى سىناشتا 1 - بولدى، بىرلەشمە ھەربىي ئوركېستىر ئۆمىكى تەرىپىدىن، «ئەڭ ياخشى ئوركېستىر» بولۇپ باھالاندى.

ھەربىي رايون سىياسىي بۆلۈم سەنئەت ئۆمىكى ئارمىيىنىڭ 7 - نۆۋەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكىگە قاتنىشىپ، ئىجادىيەت، ئاكتىيورلۇق، سەھنە لايىھەلەش قاتارلىق تۈرلەردە 36 مۇكاپاتقا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپات 7، مۇكاپاتقا ئېرىشىش رەت تەرتىپى جەھەتتە ئارمىيە بويىچە ئالدىنقى 4 - ئورۇنغا ئۆتتى.

ھەربىي رايون مەدەنىيەت خىزمىتى گۇرۇپپىسى 1999 - يىل 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن 11 - ئاينىڭ باشلىرىغىچە 6 مۇلازىمەت ئەترىتى، 37 ئادەم (قېتىم) نى تەشكىللەپ، چېگرا مۇداپىئە 1 - سېپىگە ئەۋەتتى. بۇ مۇلازىمەت ئەترەتلىرى 131 چېگرا مۇداپىئە لىيەندۈيى ۋە يول بويلىرىغا تارقاق جايلاشقان ۋەزىپە ئىجرا قىلىش نۇقتىلىرىنىڭ رەڭلىك تېلېۋىزور، ئاۋاز ياڭراتقۇ، كىنو قويۇش ئاپپاراتى، سۈنئىي ھەمراھ تېلېۋىزىيە قوبۇللاش ئەسۋابى قاتارلىق ئۈسكۈنىلىرىدىن 296 نى رېمونت قىلىپ بېرىپ، قىسىملار ئۈچۈن 100 مىڭ يۈەن رېمونت ھەققى تېجەپ بەردى؛ قىسىملارغا ئائىلە كىنوخانىسى ئۈسكۈنىسىدىن 125 يۈرۈش، VCD ئاپپاراتى، رادىئو، قوبۇللىغۇچ قاتارلىق مەدەنىيەت ئەسۋابىدىن 233 ى يەتكۈزۈپ بېرىلدى، چېگرا مۇداپىئە 1 - سېپىدىكى قىسىملارغا VCD ، ئۈن - سىن ئامبىرىدىن 37 سى قۇرۇپ بېرىلدى، 400 نەچچە مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى سۈنئىي ھەمراھ قوبۇللاش پونكىتىدىن 9 ى قۇرۇپ بېرىلدى. بۇنىدىن باشقا چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىدىكى ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر 5300 نەچچە پارچە رەسىمگە ھەقسىز تارتىپ قويۇلدى.

ھەربىي رايون قىسىملىرىدا دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش كىنو قويۇش ئېيى پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇلدى؛ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق قىسىملارنىڭ «دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش بويىچە خور ئېيتىش يىغىنى» ئۆتكۈزۈلدى؛ ھۆسنخەت، رەسىم، فوتو سۈرەت ئەسەرلىرىدىن 450 نەچچە پارچە توپلىنىپ، ئارمىيە

بويىچە ۋە لەنجۇ ھەربىي رايونى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن «دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش ۋە ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۈتۈۋېلىش بويىچە ھۆسنخەت - فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسى» ۋە مەدەنىيەت نازارىتى ئۆتكۈزگەن «ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۈتۈۋېلىش بويىچە 10 مىڭ مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يوگىلەمە رەسىم سەييارە كۆرگەزمىسى» گە قاتناشتۇرۇلدى.

جۇ شىنچۈن

## قوغداش خىزمىتى

1. 1999 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى « ، ئارمىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىدا جىنايەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە، نىڭ كونسۇلتاتسىيە ماتېرىياللىرى» ۋە «كونا ئەسكەرلەرنىڭ قىسىمدىن چېكىنىشى ۋە ئەسكەر كادىرلارنى تاللاشتا دائىر قانۇنچىلىق تەربىيىسى مەخسۇس سانى» نى تۈزۈپ قىسىملارغا تارقىتىپ بەردى، بىرلەشمە لاۋازىمات بۆلۈمى 30 - شۆبىسى قاتارلىق 6 ئورۇننىڭ «ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلەپ ئومۇملاشتۇردى. قاماقخانىدىكى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىۋاتقان، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلىنىۋاتقانلار 2 قېتىم شىمالىي شىنجاڭدىكى ۋە ئۈرۈمچىدىكى قىسىملارغا بېرىپ جىنايىتىگە توۋا قىلىش بويىچە لېكسىيە سۆزلەشكە ئويۇشتۇرۇلدى، بۇنىڭدىن تەربىيە ئالغانلار 60 مىڭ ئادەم (قېتىم) دىن ئاشتى.

2. 1999 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونىدا 7 قېتىم ھەرخىل جىنايى ئىشلار دېلوسى يۈز بېرىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %61.1 ئازايدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ يىل ھەربىي رايون قىسىملىرىدا تارىختىن بۇيان دېلو ئەڭ ئاز سادىر بولغان بىر يىل بولۇپ قالدى. قانۇن - ئىنتىزامغا ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلىش مەسىلىسىدىن 20 نەچچىسى بىر تەرەپ قىلىنىپ، قىسىم ۋە جەمئىيەتنىڭ ئامانلىقى ۋە مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىندى.

3. 1999 - يىلى 85 قېتىم قوغداش ۋەزىپىسى ئىجرا قىلىندى. ھەربىي رايوننىڭ ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى يىغىپ تەربىيىلىشى، «غەرب — 99» ئۇرۇش مانېۋىرى قاتارلىق زور پائالىيەتلەر داۋامىدىكى ئامانلىقنى قوغداش ۋەزىپىسى يۇقىرى ئۆلچەم، يۇقىرى سۈپەتتە ئورۇندىلىپ، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت، باش شتاب، لەنجۇ ھەربىي رايونى رەھبەرلىرى ۋە باشقا قوغداش ئوبيېكتلىرىنىڭ ھەربىي رايونغا خىزمەت تەكشۈرۈشكە كەلگەن چاغدىكى مۇتلەق بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى.

4. «فالۇن گۇڭ» نى پاش قىلىش - تەنقىد قىلىش كۆرگەزمىسى ئاچتى ئۆگىنىش - تەربىيە پائالىيىتى ۋە ئىنقىلاب - تازىلاش خىزمىتى كەڭ، چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇپ، «فالۇن گۇڭ» مەشىقىگە قاتناشقانلاردىن 125 ى، پونكىت - نۇقتىدىن 3 ى، پونكىت - نۇقتا مەسئۇلىدىن 4 ى ئىنقىلاپ چىقىلدى، «فالۇن گۇڭ» بىلەن مۇناسىۋەتلىك 391 كىتاب، 5 قاپ سىن لېنتىسى، 308 قاپ ئۈن لېنتىسى، 39 دانە VCD پىلاستىنكىسى، لى خۇڭجىنىڭ 95 پارچە سۈرىتى، 2 يورۇش مەشىق كىيىمى، 4 پارچە مەشىق سېلىنچىسى ۋە فېئوداللىق خۇراپىي پائالىيەتلەر تەشۋىق قىلىنغان 83 كىتاب يىغىۋېلىندى. «فالۇن گۇڭ» مەشىق قىلغۇچىلارنى تەربىيىلەپ ئۆزگەرتىش خىزمىتى چىڭ تۇتۇلدى، «فالۇن گۇڭ» نى قايتا مەشىق قىلغان 7 كىشى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىندى.

5. «دۆلەت خەۋپسىزلىكى قانۇنى» ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان دائىملىق «ئۆتكە قارشى تۇرۇش» تەربىيىسى، ئىشپىيونلۇقتىن مۇداپىئە كۆرۈش - مەخپىيەتلىكنى ساقلاش تەربىيىسى، سىياسىي ئىنتىزام تەربىيىسى ۋە دىنىنىڭ سىڭىپ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەربىيىسى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى. دۈشمەن، جەمئىيەت ئەھۋالىغا دائىر ئۇچۇردىن 80 نەچچىسى توپلاندى ۋە رەتلەندى. 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ يوشۇرۇن كۆرەش خىزمىتى يىغىنى ئېچىلدى. 2 قېتىملىق ئارمىيە - يەرلىك ھەمكارلىقى خىزمەت يىغىنى ئېچىشقا باشلامچىلىق بىلەن تەشكىللاتچىلىق قىلىندى، بۇنىڭ بىلەن ھەمكارلىق خىزمىتى تۈزۈملىشىش، قېلىپلىشىش، دائىملىشىش ئىزىغا سېلىندى.

شيوڭ شىخەي

## ئەرزىيەت خىزمىتى

1999 - يىلى ھەربىي رايون قىسىملىرى ئاممىدىن كەلگەن ئەرزىيەتتىن 3207 نى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە خەت (تېلېفون) 2550، ھال ئېيتىپ كەلگەن 657 ئادەم (قېتىم) نى قوبۇل قىلدى، 185 پارچە جاۋاب خەت يازدى، ئەرزىيەت دېلوسىدىن 163 نى ئۆزى تەكشۈرۈپ، 145 نىڭ دېلوسىنى ئاخىرلاشتۇردى، دېلو ئاخىرلاشتۇرۇلۇش نىسبىتى %88.96 بولدى، 38 ئەرزىيەت ئۇچۇرى يەتكۈزۈپ بەردى. شىددەت تۆۋەن ئورۇنلار ئاممىدىن كەلگەن خەت (تېلېفون) دىن 1403 نى قوبۇل قىلدى، ھال ئېيتىپ كەلگەن 96 ئادەم (قېتىم) نى كۈتۈۋالدى، 271 پارچە جاۋاب خەت يازدى، ئەرزىيەت دېلوسىدىن 89 نى ئۆزى تەكشۈرۈپ، 74 نىڭ دېلوسىنى ئاخىرلاشتۇردى، دېلو ئاخىرلاشتۇرۇلۇش نىسبىتى %83.15 بولدى، 23 ئۇچۇر يەتكۈزۈپ بەردى، تەكرار ھال ئېيتىپ كەلگەن ۋە كوللېكتىپ ھال ئېيتىپ كەلگەنلەرنىڭ ئەرزىيىتىدىن 30 نى بىر تەرەپ قىلدى. ھەربىي

رايون سىياسىي بۆلۈمىنىڭ ئەرزىيەت تارمىقى ئاممىدىن كەلگەن خەت (تېلېفون) دىن 358 نى بىۋاسىتە قوبۇل قىلدى، ھال ئېيتىپ كەلگەنلەردىن 167 ئادەم (قېتىم) نى كۈتۈۋالدى، 58 پارچە جاۋاب خەت يازدى. ئەرزىيەت دېلوسىدىن 21 نى نۇقتىلىق تەكشۈرۈپ، 18 نىڭ دېلوسىنى ئاخىرلاشتۇردى، 11 ئەرزىيەت ئۈچۈرى يەتكۈزۈپ بەردى. خەربىي رايون باشلىقلىرى ۋە سىياسىي بۆلۈم رەھبەرلىرى ئاممىدىن كەلگەن 245 پارچە خەتكە تەستىق سالدى، ھال ئېيتىپ كەلگەن 47 ئادەم (قېتىم) نى كۈتۈۋالدى. ھەرقايسى قىسىملار مۇقىملىققا تەسىر يەتكۈزۈش ئېھتىمالى بولغان، ئارمىيە ئىچى - سىرتىدىن كەلگەن 357 پارچە خەتنى بىرتەرەپ قىلدى، ھال ئېيتىپ كەلگەن 32 ئادەم (قېتىم) نى كۈتۈۋالدى.

ياۋ جيەنفۇ

## خىزمەت كۆرسىتىپ نەمۇنىچى بولۇش ئەھۋالى

1999 - يىلى شىنجاڭ خەربىي رايونى جەنۇبىي شىنجاڭ خەربىي رايونى قوماندانلىق شتابىنىڭ چېگرا مۇداپىئە باشقارمىسىغا، «36312»، «36007»، «36037» قىسىملارغا، خەربىي رايون قورالاندۇرۇش بۆلۈمىنىڭ ئۇنىۋېرسال پىلان باشقارمىسى ئۇرۇش - تېخنىكا ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمىگە، «36141» قىسىم قوماندانلىق شتابىنىڭ ئالاقىلىشىش بۆلۈمىگە، «36032» قىسىم 1 - باشقارمىسىنىڭ 2 - بۆلۈمىگە، خەربىي رايون سەنئەت ئۆمىكىگە، لەنجۇ خەربىي رايونى ئۇرۇمچى باش دوختۇرخانىسى يۈرەك - قان تومۇر كېسەللىكلىرى ئىچكى بۆلۈمىگە بىر قېتىم كوللېكتىپ 3 - دەرىجىلىك تۆھپە يازدى؛ «36922» قىسىمنىڭ قونجىراپ چېگرا مۇداپىئە ليەنىگە، «36179» قىسىمنىڭ باشقۇرۇلىدىغان بومبا 2 - ليەنىگە بىر قېتىم 1 - دەرىجىلىك تۆھپە يازدى؛ «36976» قىسىمغا، «36105» قىسىمنىڭ 1 - ليەنىگە، «36149» قىسىمنىڭ باشقۇرۇلىدىغان بومبا 1 - ليەنىگە، «36171» قىسىمنىڭ رازۋېدكا ليەنىگە، «36911» قىسىمنىڭ باي چېگرا مۇداپىئە ليەنىگە، «36007» قىسىمنىڭ 1 - لەيىنىگە بىر قېتىم كوللېكتىپ 2 - دەرىجىلىك تۆھپە يازدى. «36116» قىسىمنىڭ پىيادە ئەسكەرلەر يىڭىغا، «36101» قىسىمنىڭ ئالاقە يىڭىغا، ئالتاي شۆبە خەربىي رايونىنىڭ ئوقۇتۇش ئەترىتىگە، خېجىاڭ ماي ئامبىرىنى قوغداش ئەترىتىگە بىر قېتىم كوللېكتىپ 3 - دەرىجىلىك تۆھپە يازدى. جاڭ يۇڭپىڭ، ياۋ گېنشىڭلارغا بىر قېتىم 2 - دەرىجىلىك تۆھپە يازدى.

1999 - يىلى «غەرب — 99» مانېۋىرىدا، «36106» قىسىمنىڭ باشقۇرۇلىدىغان بومبا 3 - ليەنى كوللېكتىپ 2 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى. «36101» قىسىمنىڭ قورۇلۇش ئەسكەرلىرى يىڭى، «36328» قىسىمنىڭ 5 - يىڭى كوللېكتىپ 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى.

1999 - يىلى «4980» قۇرۇلۇشى، كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇپ، خەتەردىن قۇتقۇزۇش قاتارلىق زور ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش داۋامىدا يې خۇا، بۇ شىنشەنلەر 2 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى.

1999 - يىلى دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇراسىمىدىكى ئورۇكېتىر ئورۇنداشتا، شىنجاڭ خەربىي رايونى خەربىي رايون جەڭچىلەر خەربىي ئورۇكېتىر ئەترىتىگە بىر قېتىم كوللېكتىپ 2 - دەرىجىلىك تۆھپە يازدى، جياڭ چىڭبى، سۇن شيۇچېن، ليۇ گاڭ، ۋاڭ دۇڭ، دەللىقانلارغا بىر قېتىم 2 - دەرىجىلىك تۆھپە يازدى.

1999 - يىلى لەنجۇ خەربىي رايونى «36976» قىسىمنىڭ كەسپىي سىبىرژانتى جاڭ لياڭشېڭگە «ئېگىزلىكتىكى ئۈلگىلىك ئاپتوموبىل ئەسكىرى» دەپ نام بەردى.

جاۋ ديەنچاۋ، جى شۆفاڭ

## شەھەر گارنىزون خىزمىتى

1999 - يىلى شىنجاڭ خەربىي رايونى گارنىزون قوماندانلىق شتابىنى ئەسلىدىكى 18 دىن 9 غا تەڭشىدى؛ ئۈرۈمچى گارنىزون تەرتىپ ساقلاش ليەنى، قەشقەر، ئالتاي گارنىزون تەرتىپ ساقلاش پەيى ۋە ئىلى، شىخەنزە، قۇمۇل، تۇرپان، كورلا، قاغىلىق گارنىزون تەرتىپ ساقلاش بەنى تەشكىللەندى.

مۇشۇ يىلدا تەكشۈرۈش - تەرتىپ ساقلاشقا 47 مىڭدىن كۆپرەك ئەسكەر (قېتىم) 43406 نەچچە ئاپتوموبىل (قېتىم) ئاجرىتىلىپ ئۆتكەن - كەچكەن 124 مىڭ خەربىي (قېتىم)، 19 مىڭدىن كۆپرەك خەربىي ئاپتوموبىل (قېتىم) تەكشۈرۈلدى. يالغان خەربىيدىن 3 ى، يالغان خەربىي ئاپتوموبىلدىن بىرى تۇتۇلدى، يالغان خەربىي كىيىمدىن 3 قۇر، خەربىي ئۇنۋان بەلگىسىدىن 5 ى، يالغان گۇۋاھنامىدىن 3 ى، خەربىي ئاپتوموبىللارنىڭ يالغان نومۇر تاختىسىدىن 2 سى يىغىۋېلىندى؛ ئارمىيە بىلەن يەرلىك ئوتتۇرىسىدىكى يەر ماجىراسىدىن 20 سى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىندى. ياز پەسلىدە ساياھەت رايونلىرىدا خەربىي ئاپتوموبىل تەكشۈرۈش پونكىتىدىن 5 ى قۇرۇلدى.

خەربىي رايوننىڭ ھەرقايسى گارنىزون قوماندانلىق شتابلىرى ئارمىيە بىلەن يەرلىكنىڭ ھەرخىل چوڭ يىغىلىشىدىن 100 نەچچە مەيدان (قېتىم) نى تەشكىللىدى ۋە ماسلاشتۇردى، بۇلارغا 100 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم)

قاتناشتى، 5000 ماشىنا (قېتىم) تەڭشەلدى، بىخەتەرلىكتە مەسىلە كۆرۈلمىدى. بىر يىلدا 20 مەيدان (قېتىم) شوپۇرلار بىخەتەرلىك تەربىيىسى ئۇيۇشتۇرۇلدى، 10 مىڭغا يېقىن شوپۇر (قېتىم) تەربىيە ئالدى.

لۇ دېجيالىڭ

## تاشقى ئىشلار ئالاقىسى

قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى مەركىزىي قوماندانلىق شتابىنىڭ مۇدىرى مايور راسقالبىيىق باشچىلىقىدىكى قازاقىستان ئوفىتسېرلار دەم ئېلىش ئۆمىكى تەركىبىدىكى 9 كىشى 1999 - يىل 3 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگە قەدەر ئۈرۈمچى، شىخەن قاتارلىق جايلاردا دەم ئالغاچ زىيارەتتە بولدى.

قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى مىللىي خەۋپسىزلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى، قوشۇمچە مىللىي خەۋپسىزلىك كومىتېتى چېگرا مۇداپىئە باش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى زاكىيېق جۇڭگۇجيادىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ شتاب باشلىقى ما دېڭكۇي باشچىلىقىدىكى «جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭ ھەربىي رايونى چېگرا مۇداپىئە ۋەكىللەر ئۆمىكى» 10 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە قازاقىستاندا دوستانە زىيارەتتە بولدى.

شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ شتاب باشلىقى ما دېڭكۇي شاۋجياڭنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى مىللىي خەۋپسىزلىك كومىتېتى چېگرا مۇداپىئە باش ئىدارىسىنىڭ 1 - مۇئاۋىن باشلىقى قوشۇمچە شتاب باشلىقى بىرقالىيىق خوتۇن - بالىلىرىنى ئېلىپ 11 - ئاينىڭ 22 — 29 - كۈنىگە قەدەر ئۈرۈمچى، شىخەنلەردە دەم ئالدى.

جاۋ خۇڭشىڭ

# شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيە قىسىملىرى

## شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيە قىسىملىرى رەھبەرلىرىنىڭ ئىسمىلىكى

كوماندىر: فاڭ دېنرۇڭ (شاۋجياڭ).

سىياسىي كومىسسار: لى ئىبن (شاۋجياڭ).

مۇئاۋىن كوماندىرلار: جېڭ شىكاڭ (شاۋجياڭ)، ۋاڭ يۇڭشى (شاۋجياڭ).

مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار: جۇ گۇاڭفۇ (داشياۋ).

### ھەربىي تەلىم - تەربىيە

ئاۋىئاتسىيە قىسمىنىڭ تەلىم - تەربىيىسى 1999 - يىلى ئاۋىئاتسىيە قىسمى يىللىق ئۇچۇش ۋاقىت كۆرسەتكۈچىنىڭ 108.2% ىنى ئورۇندىدى. بارلىق ئۇچقۇچىلار تۈنلىرى كېچىلىك تەلىم - تەربىيىنى يولغا قويدى. تۆۋەن ھاۋارايى مەشغۇلاتى، يەردىكى قارىغا ئېتىش، ھاۋادىكى قارىغا ئېتىش، بومباردىمان قىلىش قاتارلىق قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى مەشىق تۈرلىرىنى تاماملىدى. ئۆز رايونىدا جانلىق مەشىق قىلىش، باشقا رايوندا تۇرۇپ مەشىق قىلىش ۋە تاكتىكا تېمىسىدىكى تەلىم - تەربىيىنى ئېلىپ باردى. 2 تۈمەن «غەرب — 99» مانېۋىرى ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى. يېڭى ئايروپىلان خىللىرى بىلەن قوراللىنىدىغان ئۇچقۇچىلار قوراللىنىش مەشىقىنى پىلان بويىچە تاماملىدى. قىسىمدا قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى مەشىق دەرسى ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە يېتەكچى ئايروپىلان باشلىقلىرى يېتىشتۈرۈلدى. ئۇرۇش ئۇسۇلى ھەققىدىكى مۇھاكىمە پائال قانات يايدۇرۇلدى.

يەر ئۈستى قىسمىنىڭ تەلىم - تەربىيىسى 1999 - يىلى يەر ئۈستى (شۆبە) قىسمى بەلگىلەنگەن مەشىق مەزمۇنى ۋە ۋاقتىنى تاماملاپ بەلگىلىمىدىكى ئۆلچەمگە يەتتى ھەمدە «غەرب — 99» مانېۋىرىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى. يەردىن ھاۋاغا قويۇپ بېرىلىدىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبا قىسمى ھاۋا ئارمىيە بازىسىدا تۇرۇپ ئېلىپ بېرىلىدىغان قارىغا ئېتىش مەشىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى؛ رادار قىسمى يوللىغان رادار ئاخباراتىنىڭ ئەلالىق نىسبىتى 98.6% كە يەتتى؛ مۇھاپىزەتچىلەر شۆبە قىسمى ۋە جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش تارماق قىسىملىرى ئۇشتۇمتۇت ۋەقەلەرنى بىرتەرەپ قىلىش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان راست ئوق بىلەن قارىغا ئېتىش مەشىقى ۋە مانېۋىرنى ئومۇمىيۈزلۈك ئېلىپ باردى.

لىن لۇسو

### ئاۋىئاتسىيە قۇرۇلۇشى — ئايروپىلان ئىشلىرى كاپالىتى خىزمىتى

1999 - يىل 2 - ئايدا يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيە قىسىملىرى قورال-لاندۇرۇش بۆلۈمى قۇرۇلدى، بۇ بۆلۈم قورال - جابدۇقلارنى پۈتۈن سىستېمىسى، پۈتۈن ئۆمرى بويىچە باشقۇرۇش دېگەن تەلەپكە ئاساسەن، قورال - جابدۇق خىزمىتىنىڭ فۇنكسىيىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئادا قىلدى. ئۇچۇش مەشىقى ئېلىپ بېرىشنى مەركەز، قورال - جابدۇققا كاپالەتلىك قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنى نىشان قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، قورال - جابدۇقنى، «ئۈچلەشتۈرۈپ» باشقۇرۇش، ئاۋىئاتسىيە ماتېرىيالى، ھەربىي قورال كاپالىتى ۋە سۈپەت، بىخەتەرلىك

خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، ۋەزىپىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىدى.

خاۋ گوشياڭ

## ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشى

1999 - يىلى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيە قىسىملىرى «1، 1 - سەپ قوماندانلىق شتابى، نىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىنى تۇتۇش خىزمىتىنىڭ سۈپىتىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش توغرىسىدا قارار» نى تۈزۈپ چىقتى. بارلىق ئاساسىي قاتلام پارتىيە ياچېيكىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى تەرتىپكە سېلىشقا ياردەم بەردى، كۆپ يىللاردىن بۇيان ئىلغار بولالماي كېلىۋاتقان 17 ئاساسىي قاتلام ئورۇننى نۇقتىدا تۇرۇپ ئوپېراتسىيە قىلدى ۋە ئۇلارغا نۇقتىلىق ياردەم بەردى. ئاساسىي قاتلام مەسئۇل باشلىقلىرىدىن 447 ئادەم (قېتىم) نى ھەرخىل شەكىللەر بىلەن يىغىپ تەربىيىلىدى. «قوش ئىلغار بولۇش» پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇردى، بىر تۈركۈم ئىلغار ئورۇن ۋە ئىلغار شەخسلەر مەيدانغا كەلدى. «قوش ئىلغار بولۇش» نى سېلىشتۇرۇپ باھالاشقا قاتناشقان ئاساسىي قاتلام ئورۇنلارنىڭ 38% ى ئىلغارلار قاتارىغا كىردى، ياخشى، بىرقەدەر ياخشى ئورۇنلار 93% نى ئىگىلىدى. يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگان ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، 10 ئاساسىي قاتلام ئورۇننى ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىدىكى ئۈلگىلىك ئورۇن، 5 ئاساسىي قاتلام مەسئۇل باشلىقنى مۇنەۋۋەر ئاساسىي قاتلام مەسئۇل باشلىقلىرى ئۈلگىسى، 58 شەخسنى مۇنەۋۋەر شەخس دەپ تەقدىرلىدى. 1667 ئادەم مۇنەۋۋەر ئەسكەر بولۇپ باھالاندى، تۈەن دەرىجىلىك بىر ئورۇن ھاۋا ئارمىيىسى تەرىپىدىن ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار تۈەن بولۇپ باھالاندى.

سۇن جيەن

## مۇنتىزىملىشىش قۇرۇلۇشى

1999 - يىلى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيە قىسىملىرى ئالىي مەكتەپنى يېڭىدىن پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار، ئاساسىي قاتلاملاردىكى يېڭى مەسئۇل باشلىقلار ۋە ئەسكەر يېتەكلىگۈچى تايانچلاردىن 1100 دىن ئارتۇق كىشىنى يىغىپ تەربىيىلەپ، ئۇلارنىڭ ئەسكەرلەرنى ئۇستاب بويىچە باشقۇرۇش، يېتەكلەش ئىقتىدارىنى تىرىشىپ ئۆستۈردى. قىسىملارنىڭ مۇنتىزىملىشىش قۇرۇلۇشىنى پۈتكۈل تۈەن، پۈتكۈل پونكىت ۋە پۈتۈن شتات بويىچە ئىلگىرى سۈرۈش پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئۇرۇش تەييارلىقى، تەلىم - تەربىيە، خىزمەت، تۇرمۇش تەرتىپىنى ئۇستاب بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك قېلىپلاشتۇردى، بىر يىل ئىچىدە ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش مەسىلىسى سادىر قىلمىغان ليەندۈيلەر شتاتلىق ليەندۈي ئومۇمىي سانىنىڭ 95% تىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى. يىل ئاخىرىدىكى تەكشۈرۈش - سېلىشتۇرۇپ باھالاشتا، تۈەن دەرىجىلىك 7 ئورۇن لەنجۇ ھەربىي رايونى ھاۋا ئارمىيىسى تەرىپىدىن ئومۇمىي ئۇستاپنى ئىزچىللاشتۇرۇشتىكى ئىلغار ئورۇن، شى، تۈەن دەرىجىلىك 13 ئورۇن ئۆلچەمگە يەتكەن ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

ليۇ رۇي، فېي يۈفېي

## كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى

1999 - يىلى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيىسى قىسىملىرى تۈەندىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلارنى پارتىيىنىڭ 3 ئەۋلاد رەھبەرلىرىنىڭ «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ئاساسىي نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشكە ئويۇشتۇردى، 19 قارار كۇرس ئېچىپ، تۈەندىن يۇقىرى كادىردىن 238 ئادەم (قېتىم) نى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلىدى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار قىسىم قۇرۇلۇشىدا يولۇققان يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەر ئۈستىدە پائال مۇھاكىمە يۈرگۈزدى ۋە ئىزدەندى، 40 نەچچە پارچە مۇاكىمە ماقالىسى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلار تەرىپىدىن ئىشلىتىلدى.

ھەر دەرىجىلىك پارتكوم رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى تەڭشەش - سەپلەش خىزمىتى چىڭ تۇتۇلدى. يېڭىدىن ئۆستۈرۈلگەن تۈەندىن يۇقىرى بەنزە ئەزالىرىدىن 39 كىشى ئىش ئورنىغا چىقىشتىن ئاۋۋال رەھبەرلەر دەرس ئۆتۈش، نەق مەيداندا مەشىق قىلدۇرۇش، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش، تۈرگە ئايرىپ سۆھبەت ئۆتكۈزۈش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن يىغىپ تەربىيىلەندى. تۈەندىن يۇقىرى بەنزە ئەزالىرى ئارىسىدا «خىزمەت تەسىراتى يېزىش» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. كادىرلارنى سىناشنىڭ يېڭى يولى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىلىپ، ئوقۇشقا ئەۋەتىلىدىغان 23 ئوبيېكت ئوچۇق - ئاشكارا سىنالدى. يىڭ، ليەنلەرنىڭ مەسئۇل باشلىقلىرىنى مۇھىم نۇقتا قىلغان ئاساستا ئاساسىي قاتلام كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى. ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ «كىرىش، چىقىش، ئۆسۈش، يۆتكىلىش، تەربىيىلىنىش» ئىشلىرى ماكرولۇق تىزگىنلەندى. ئاساسىي قاتلامدىكى مەسئۇل باشلىقلار ئاۋۋال ئوقۇتۇش، كېيىن سىناپ ئىشلىتىش، ئاخىرىدا تەكشۈرۈپ ۋەزىپىگە تەيىنلەش ئۇسۇلى بىلەن تاللاپ سەپلەندى. بىر قېتىملىق ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى توشقان 465 يەن - تېخنىكا كادىرى باھالاپ ۋە سىناپ چىقىلدى ھەم ئەخلاقلىق ھەم قابىلىيەتلىك مۇنەۋۋەر يەن - تېخنىكا ئىختىساس ئىگىسىدىن 17 كىشى ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىگە ئۆستۈرۈشكە مەلۇم قىلىندى. 179 كادىر ۋەزىپە ئۆستۈرۈش ئىمتىھانىغا قاتناشتۇرۇلدى. ساپاسى

ياخشى، نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغان 28 مۇنەۋۋەر كادىرنىڭ ۋەزىپە دەرىجىسى ياكى ئىش ھەققى دەرىجىسى مۇددەتتىن بۇرۇن ئۆستۈرۈلدى. مۇنەۋۋەر كادىرلارنىڭ ئىش - ئىزلىرىدىن دوكلات بېرىش ئۆمىكى قىسىملارغا بېرىپ سەييارە دوكلات بېرىشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى. ئارقىدا قالغان 30 كادىر ئۇقتۇرۇلۇپ نازارەت قىلىندى، بۇ جەھەتتىكى تەجرىبە، ئۇسۇللار يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلار تەرىپىدىن كېڭەيتىلدى.

ليۇ رۇي، فېي يۇفېي

## پەن - تېخنىكا خىزمىتى

1999 - يىلى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيە قىسىملىرى ئەسكەرلەرنى پەن - تېخنىكا جەھەتتە مەشىق قىلدۇرۇش پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇردى. مۇشۇ يىل ئىچىدە مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئارمىيە ۋە يەرلىكتىكى مەتبۇئاتلاردا ھەربىي ئىشلار نەزەرىيىسى ۋە كەسپىگە ئائىت مۇھاكىمە ماقالىسىدىن 162 سى ئېلان قىلىندى، بۇنىڭ 7 پارچىسى ئامېرىكا، گېرمانىيە، فرانسىيە، كورىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ مەتبۇئاتلىرىدا ئېلان قىلىندى ۋە خەلقئارالىق يىغىنلاردا ئوقۇلدى. ھاۋادا ۋە يەردە مەشىق قىلىشنىڭ 3 خىل ئۇسۇلى ياخشىلاندى. 21 تۈرلۈك تېخنىكا يېڭىلاندى ۋە كەشىپ قىلىندى، بۇنىڭ 2 سى دۆلەت پاتېنتىغا ئېرىشتى. ھاۋا ئارمىيە قىسىملىرى باش سىياسىي بۆلۈمنىڭ «ئارمىيە بويىچە كادىرلارنىڭ يۇقىرى پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىشى بويىچە ئۈچ يىللىق پىلان» دىكى تەلەپكە ئاساسەن، بەلگىلەنگەن ئۆگىنىش مەزمۇنىنى تاماملاپ، ئۆلچەمگە يەتتى.

لىن لۇسو

## ئارقا سەپ خىزمىتى

ئۈچۈش كاپالىتى 1999 - يىلى ئۇرۇش تەييارلىقى مەشىقى، مەخسۇس (ھۆددە) ئايروپىلان چىقىرىش - خەلق ئاۋىئاتسىيە قونۇش تەييارلىقى، سىنتىسى ئۇسۇلدا قار ياغدۇرۇش قاتارلىق ھەرخىل ئۈچۈش ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنداش (قېتىم) نىڭ ئەلالىق نىسبىتى %100 بولدى. ئايرودروم يول يۈزىنى رېمونت قىلىش، توك بىلەن تەمىنلەش، سىم يوللىرىنى يېڭىلاش، كاپالەت ئاپتوموبىللىرىنى رېمونت قىلىش ۋە باشقا ئۈچۈش كاپالىتى ئەسلىھەلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشلىرى قىلىنىپ، ھەرخىل ئارقا سەپ ئەسلىھەلىرىنىڭ ياخشى ھالەتتە تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى. «ئۈچۈش ئارقا سەپ كاپالىتىدە تولۇق ئەلا ئايرودروم - پونكىت بەرپا قىلىش» پائالىيىتى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى، 2 ئايرودروم - پونكىت لەنجۇ ھەربىي رايونى ھاۋا ئارمىيىسى تەرىپىدىن ئۈچۈش ئارقا سەپ كاپالىتىدىكى تولۇق ئەلا ئايرودروم - پونكىت بولۇپ باھالاندى.

ئاساسىي قاتلام ئارقا سەپ قۇرۇلۇشى ۋە باشقۇرۇش 1999 - يىلى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلار چۈشۈرگەن قىسىملارنى كۆچۈرۈش، ئارقا سەپ ئەسلىھەلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈپ تۈزەش، ئاپتوموبىل ئامبىرى، ئات ئېغىلى، قورال - ياراغ ئامبىرى قۇرۇلۇشى، كىچىك رايونلاردىكى پار بىلەن تەمىنلەش ئەسلىھەلىرىنى ئۆزگەرتىش قاتارلىق قۇرۇلۇش ۋەزىپىلىرى تاماملاندى. ئاساسىي قاتلامنىڭ خىزمەت شارائىتى يەنىمۇ ياخشىلاندى. ئىسسىق لاپاستىن 24 ى، ئىسسىق چوشقا قوتىنىدىن 71 ى ياسالدى، قوشۇمچە يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىش بازىسىدىن 3 ى كېڭەيتىپ ياسالدى، تۇرمۇش مۇلازىمەت مەركىزىدىن 3 ى يېڭىدىن ياسالدى، ئۆزگەرتىپ ياسالدى. ئارقا سەپ باشقۇرۇشنى شتات بويىچە ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش پائالىيىتى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇلدى، تۆەندىن يۇقىرى 6 ئورۇن ھاۋا ئارمىيىسى، لەنجۇ ھەربىي رايونى ھاۋا ئارمىيىسى تەرىپىدىن ئارقا سەپ خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

ئارقا سەپ پەن - تېخنىكا تەلىم - تەربىيىسى 1999 - يىلى ئارقا سەپ سىستېمىسىدا ئەسكەرلەرنى پەن - تېخنىكا جەھەتتە مەشىق قىلدۇرۇش ئاممىۋى پائالىيىتى پائال قانات يايدۇرۇلۇپ، مەلۇم نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلدى. 474 - دوختۇرخانىنىڭ 52 تۈرلۈك پەن - تېخنىكا نەتىجىسى ئارمىيىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى بىر، 4 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 3. مەلۇم ئايرودروم - پونكىت مەلۇم تىپلىق سۇرەش ماشىنىسىنىڭ توك تەقسىملىگۈچىسىنى ئۆزگەرتىش ۋە بالون گايكىلىرىنى تېز سۇرئەتتە بېكىتىش - چۇۋۇش سايمىنىغا دائىر 2 تېخنىكا يېڭىلاش تۈرىنى تاماملىدى. ھەرقايسى كەسپىي تارماقلار كەسپىي تېخنىكا بويىچە ماھارەت سېلىشتۇرۇش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى، زور بىر تۈركۈم كەسپىي ماھىرلار مەيدانغا كەلدى.

بىرلەشمە لاۋازىمات ئىسلاھاتى 1999 - يىلى ئارقا سەپ كاپالىتىدىكى 3 ئەمەلىي گەۋدىنى ئۆتكۈزۈش، ئۆزگەرتىش، بىكار قىلىش خىزمىتى تاماملاندى. شىنجاڭ ھەربىي رايونى بىرلەشمە لاۋازىمات بۆلۈمىنىڭ بىرلەشمە لاۋازىمات كاپالىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشىنى قانات يايدۇرۇشتا ماسلاشتۇرۇش ۋە ماسلىشىش خىزمىتى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىشلەندى. تەمىنات سىستېمىسى قۇرۇلۇپ، بىرلەشمە لاۋازىمات تۈزۈلمىسىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئىشقا كىرىشىشىگە ۋە تەرتىپلىك ھەرىكەت قىلىشىغا كاپالەتلىك

قىلىندى.

چې سۇيساڭ

## ئاممىۋى خىزمەت

1999 - يىلى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيە قىسىملىرى ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى ئۈلگىلىك شەھەر (ناھىيە) بەرپا قىلىش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلغان ياخشى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، «گۈزەل 2 - يۇرتنى بىرلىكتە بەرپا قىلىش پائالىيىتى» نى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇردى. ئۈرۈمچى، كورلا، سانجى شەھەرلىرىدە ۋە خوشۇت ناھىيىسىدە تۇرۇشلۇق قىسىملار قېرىنداش قىسىملار بىرلىكتە شۇ جايلاردىكى خەلق ھۆكۈمەتلىرى بىلەن «ئىككىنى ھىمايە قىلىش - مەنىۋى مەدەنىيلىكنى ئورتاق بەرپا قىلىش» خىزمىتىنى قانات يايدۇرغاچقا، بۇ شەھەرلەر مەملىكەت بويىچە ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى ئۈلگىلىك شەھەر دېگەن شەرەپكە ئېرىشتى. شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ مەلۇم ئامبىرى دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ۋە باش سىياسىي بۆلۈم تەرىپىدىن «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى ئىلغار ئورۇن» دەپ تەقدىرلەندى.

شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيە قىسىملىرى 1999 - يىل 8 - ئايدا «شىنجاڭ رايونىدىكى ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلققە مېھىر - مۇھەببەت تەقدىم قىلىش» پائالىيىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇپ، ئاپەت يۈز بەرگەن رايونغا 217 مىڭ 500 يۈەن خەلق پۇلى ئىئانە قىلدى. بىر يىلدا 12 ئايروپىلان (قېتىم) چىقىرىپ، تۇرۇشلۇق جايلارنىڭ 33 .5333 گېكتار كۆلەمدىكى چېكەتكە ئاپىتىنى تىزگىنلىدى، 1 مىليون يۈەندىن ئارتۇق ئىقتىسادىي زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇردى. «سۈزۈك ئاسمان باھار غۇنچىلىرى» قىز بالىلار سىنىپىغا 30 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى. 773 ئاپتوموبىل، ماشىنا ئاجرىتىپ، قاقاس تاغلارنى كۆكەرتىش ۋە ئورمان بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى خالىس قانات يايدۇرۇپ، 106 مىڭ 910 تۈپ كۆچەت تىكتى.

لىيۇ يەنلى

## ئىلغارلارنى تەقدىرلەش

«87083» قىسىم بۇ قىسىم كادىرلار ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان ئورۇن بولۇپ، ئۆزۈندىن بۇيان ئۇرۇش تەييارلىقى بويىچە نۆۋەتچىلىك قىلىش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىپ كەلمەكتە، بۇ قىسىمنىڭ ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرى تارقاق جايلاشقان، 1996 - يىلدىن بۇيان بۇ قىسىمدىن 6 ئورۇن، 20 ئادەم (قېتىم) جۇندىن يۇقىرى ئورۇنلارنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. بۇ قىسىم 1999 - يىلى ھاۋا ئارمىيىسى تەرىپىدىن ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

«87176» قىسىمنىڭ 89 - شۆبە قىسمى بۇ قىسىم دېڭىز يۈزىدىن 1460 مېتىر ئېگىز بولغان تاغ ئۈستىدە تۇرىدۇ، ئۇ كۆپ يىللاردىن بۇيان ئۇچۇش ھاۋا ئەھۋالىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىپ كەلمەكتە. 1994 - يىلدىن بۇيان ئۇدا 6 يىل ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. 1995 -، 1997 -، 1998 -، 1999 - يىللىرى ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىدىكى ئۈلگە ئورۇن قىلىپ تىكلەندى. 1999 - يىلى ھاۋا ئارمىيىسى تەرىپىدىن ئىلغار ئاساسىي قاتلام ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

ھاۋا ئارمىيىسى مەلۇم ئايرودروم - پونكىتىنىڭ ئاپتوموبىل لىيەنى بۇ لىيەن شارائىتى ئىنتايىن جاپالىق چۆل - جەزىرىدە تۇرىدۇ، بىراق بۇ لىيەن جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇن تەرىپىدىن ئۇدا 12 يىل ئىلغار لىيەن بولۇپ باھالاندى، ئۇدا 15 يىل ماشىنا ھادىسىسى سادىر قىلماي، بىر قېتىم كوللېكتىپ 2 - دەرىجىلىك، 2 قېتىم كوللېكتىپ 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى. تۇرۇشلۇق جاي تەرىپىدىن ئۇدا 6 يىل مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. 1997 - يىلى لەنجۇ ھەربىي رايونى ھاۋا ئارمىيىسى تەرىپىدىن ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىدىكى ئۈلگە ئورۇن بولۇپ باھالاندى. 1999 - يىلى بۇ لىيەننىڭ پارتىيە ياچېيكىسى يەنە ھاۋا ئارمىيىسى تەرىپىدىن ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى بولۇپ باھالاندى.

مۇرات مىجىت ئازادلىق ئارمىيە 474 - دوختۇرخانىسى يۈرەك - كۆكرەك تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى. كۆپ يىللاردىن بۇيان ئۇ بىمارلارغا قىزغىن بولۇپ، خىزمەتنى ئاكتىپ ئىشلەپ، تېخنىكىسىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قىسىمدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ۋە ئارمىيە ئىچى - سىرتىدىن كەلگەن بىمارلارنىڭ يۈكسەك مەدھىيىلىشىگە ئېرىشتى. 2 قېتىم 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، 10 نەچچە قېتىم مۇكاپاتلاندى. 1999 - يىلى لەنجۇ ھەربىي رايونى ھاۋا ئارمىيىسى سىياسىي بۆلۈمى تەرىپىدىن لېي فېڭدىن ئۆگىنىشتىكى ئىلغار شەخس بولۇپ، ھاۋا ئارمىيىسى سىياسىي بۆلۈمى تەرىپىدىن ھاۋا ئارمىيىسى مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى 10 نادىر شەخسنىڭ بىرى ۋە مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھالاندى.

توڭ دۇنخۇا ئەر، 1997 - يىل 3 - ئايدا ھاۋا ئارمىيىسى مەلۇم ئايرودروم - پونكىتى ئاپتوموبىل لىيەنىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى بولۇپ، بىر قېتىم 2 - دەرىجىلىك، بىر قېتىم 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن. ھازىرقى ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەندىن بۇيان، ئۇ بىر بەنزە ئادەمنى

ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، جاپاغا چىداپ ئىگىلىك تىكلەپ، تىرىشىپ خىزمەت قىلغانلىقتىن، ئۇ تۇرۇشلۇق ليەندۈي ئىلغارلىق نامىنى ئۇدا 12 يىل ساقلاپ كەلدى. 1999 - يىلى ئۇ ھاۋا ئارمىيىسى تەرىپىدىن ئاساسىي قاتلامدىكى مۇنەۋۋەر مەسئۇل باشلىق بولۇپ باھالاندى.

لىلى گاڭ

# شىنجاڭ قوراللىق ساقچى قىسىملىرى

## قوراللىق ساقچى قىسىملىرى شىنجاڭ باش ئەترىتى

### قوراللىق ساقچى قىسىملىرى شىنجاڭ باش ئەترىتى رەھبەرلىرىنىڭ ئىسىملىكى

باش ئەترەت باشلىقى: مىبي شىڭرۇن (شاۋ جياڭ).

1 - سىياسىي كومىسسار: جاڭ شيۇمىڭ (قوشۇمچە).

سىياسىي كومىسسار: جاڭ ۋۇ (شاۋ جياڭ).

مۇئاۋىن باش ئەترەت باشلىقلىرى: جاڭ خۇيىشۇن (داشياۋ)، ئەزىز ھېيىت (داشياۋ)، سۈي شياڭرۇڭ (داشياۋ)، لى ياڭ (داشياۋ).

مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: جاڭ دايىڭ (داشياۋ)، ۋاڭ جېنياۋ (داشياۋ)، جاۋ فۇدۇڭ (داشياۋ).

### ئۇرۇش تەييارلىقى ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىش

1999 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىملىرى شىنجاڭ باش ئەترىتى 13 مىڭ 189 ئادەم (قېتىم) ئەسكەرىي كۈچ ئاجرىتىپ، تويۇقسىز يۈز بەرگەن 74 قېتىملىق ۋەقەنى بىر تەرەپ قىلدى، 6 جىنايەتچىنى ئېتىپ ئۆلتۈردى، جىنايەت گۇماندارىدىن 434 نى تۇتتى، 13 تاپانچا، 3 ئاپتومات، 1020 پاي ئوق، 3505 تال گىرانات، 98 شەمشەر، 400 پىچاق، 150 كىلوگرام پارلاتقۇچ بويۇم، 40 نەچچە ھەرخىل پارتلىتىش قۇرۇلمىسىنى قولغا چۈشۈردى. ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئورگاندىكى ئەسكەرلەر ۋە ۋەزىپە ئىجرا قىلمايدىغان ئەسكەرىي كۈچلەرنى قىسقارتىپ، ۋەزىپە ئىجرا قىلىشنىڭ 1 - سېپىنى تولۇقلىدى. باش ئەترەت 4 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا باش ئەترەت، تارماق ئەترەت، چوڭ ئەترەت، ئوتتۇرا ئەترەتتىن ئىبارەت 4 دەرىجىلىك مەسئۇل ھەربىي باشلىقلار قاتناشقان مۇنتىزىم ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ۋە باشقۇرۇش خىزمىتى يىغىنى ئاچتى، مۇنتىزىم ۋەزىپە ئىجرا قىلىش بويىچە نەق مەيدان كۆرگەزمىسى ئۆيۈشتۇرۇپ، ۋەزىپە ئىجرا قىلىش خىزمىتىنى بىرلىككە كەلتۈردى ۋە قېلىپلاشتۇردى. مۇتلەق كۆپ ساندىكى ناھىيە (شەھەر) لىك ئوتتۇرا ئەترەتلەر قاماقخانىلار بىلەن «ئۈچنى بىرلىكتە تۇتۇش (بىرلىكتە قۇرۇش، بىرلىكتە باشقۇرۇش، بىخەتەرلىككە بىرلىكتە كاپالەتلىك قىلىش) پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، يىلبويى ۋەزىپە ئىجرا قىلىشتا بىخەتەر بولۇش، ھادىسە تۇغدۇرماسلىق نىشانىنى ئىشقا ئاشۇردى.

دىڭ رۇنەي

### ھەربىي تەلىم - تەربىيە

1999 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىملىرى شىنجاڭ باش ئەترىتى «تۆتكە يېقىنلاشتۇرۇش» (ۋەزىپە ئىجرا قىلغۇچى قىسىم ،شۆبە قىسىم، لار تەلىم - تەربىيىسىنى ۋەزىپە ئەمەلىيىتىگە يېقىنلاشتۇرۇش، زاپاس قىسىم ،شۆبە قىسىم، لار تەلىم - تەربىيىسىنى ئەمەلىي جەڭگە يېقىنلاشتۇرۇش، ئالىي مەكتەپ مائارىپ تەلىم - تەربىيىسىنى قىسىمغا يېقىنلاشتۇرۇش، رەھبىرىي ئورگان تەلىم - تەربىيىسىنى ھازىرقى زامان شارائىتىدىكى ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ۋە ئۆشتۇمتۇت ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىش تەلىپىگە يېقىنلاشتۇرۇش) نى يېتەكچى قىلىپ، رەھبىرىي ئورگاندىكىلەرنىڭ ۋە ئۆگەتكۈچىلەرنىڭ تەلىم - تەربىيىسىنى گەۋدىلەندۈردى. «ئۈچتىن مۇداپىئەلىنىش» (ئۆشتۇمتۇت ھۇجۇمدىن، قورال بۇلاشتىن، تۈرمىدىن قېچىشتىن مۇداپىئەلىنىش) مۇھىم نۇقتا قىلىنغان نىشانلىق تەلىم - تەربىيە ۋە كېچىلىك مەشىقنى كۈچەيتىپ، قىسىملارنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى. زاپاس قىسىم (شۆبە قىسىم) لار تەلىم - تەربىيە سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، تەلىم - تەربىيىنى ئەمەلىي ئۇرۇشقا يېقىنلاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، جەڭ قىلىش ئۇسۇلى تەلىم - تەربىيىسىگە ۋە تەتقىقاتىغا ئەھمىيەت بەردى، تاكتىكا، تېخنىكا ھەمكارلىق مانېۋىرىنى كۈچەيتىپ، ئۆشتۇمتۇت ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى. 7 - ئايدا باش ئەترەت 7 - تارماق ئەترەتتىن قىسمەن ئەسكەرىي كۈچ ئاجرىتىپ، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ «غەرب — 99» مانېۋىر ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىشىغا ماسلاشتى.

لەي گۈيچىڭ

### ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشى

قوراللىق ساقچى قىسىملىرى شىنجاڭ باش ئەترىتى 1999 - يىل 4 - ئايدا ئاساسىي قاتلام ئوتتۇرا ئەترەت مەسئۇل باشلىقلىرىنىڭ «ئارمىيە ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشى

پروگراممىسى» نى ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ، 322 كىشىنى تەربىيىلىدى. ھەرقايسى تارماق ئەترەتلەر رەھبەرلەر ئاساسىي قاتلامغا چۈشۈپ ئۆگىتىش، ياردەم بېرىش، يېتەكلەش، كۇرس ئورنىغا يېقىن ئېچىش، نۆۋەتلەشتۈرۈپ تەربىيىلەش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىدا ساقلانغان باشقۇرۇشقا ماھىر بولماسلىق، باشقۇرۇشنى بىلمەسلىك مەسىلىسىنى بىرقەدەر ياخشى ھەل قىلدى. ئومۇمىيۈزلۈك قۇرۇش، ئومۇمىي گەۋدە بويىچە يۈكسەلدۈرۈش تەپەككۇرىغا ئاساسەن، باش ئەترەت پارتكومى مەخسۇس ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ئارقىدا قالغان لىيەندۈيلەرنى يېتىشتۈرۈۋېلىش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى. ھەرقايسى تارماق ئەترەتلەر تارماق ئەترەت رەھبەرلىرىنىڭ باشلامچىلىقىدا خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، نۆۋەتلىك ئوتتۇرا ئەترەتلەرنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بەردى. يىللىق تەكشۈرۈش - سىناشتا نۆۋەتلىك ياردەم بېرىلگەن 34 ئوتتۇرا ئەترەتنىڭ ئىچىدە %90 تىن كۆپرەكىنىڭ قىياپىتىدە ئۆزگىرىش بولغانلىقى ئىسپاتلاندى. پارتىيە ئەزالىرىنى دېموكراتىك ئۇسۇلدا باھالاش ۋە «ئىلغار ئوتتۇرا ئەترەت بولۇش، مۇنەۋۋەر ئەسكەر بولۇش» پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇردى. باش ئەترەتنىڭ قەشقەر ۋىلايەتلىك تارماق ئەترىتى قوراللىق ساقچى قىسىملىرى باش شتابى تەرىپىدىن قوراللىق ساقچى قىسىملىرى ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىدىكى ئۈلگە ئەترەت قىلىپ تىكلەندى ھەمدە بۇ ئەترەت كوللېكتىپ 2 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى. باش ئەترەتكە قاراشلىق 2 -، 5 - تارماق ئەترەتلەر ۋە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تارماق ئەترەت، خوتەن ۋىلايەتلىك تارماق ئەترەت، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق تارماق ئەترەتلەر باش ئەترەت تەرىپىدىن ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار تارماق ئەترەت بولۇپ باھالاندى. ئاساسىي قاتلام ئوتتۇرا ئەترەت (ئورۇن) لىرىدىن 79 ى باش ئەترەت تەرىپىدىن ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ئوتتۇرا ئەترەت (ئورۇن) بولۇپ، 3500 ئەسكەر مۇنەۋۋەر ئەسكەر بولۇپ باھالاندى.

دىڭ رۇنەي

## پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى

قوراللىق ساقچى قىسىملىرى شىنجاڭ باش ئەترىتى پارتكوم ئورگىنى بىلەن تارماق ئەترەتلەر پارتكوم ئورگانلىرى 1999 - يىل 5 - ئاينىڭ بېشىدىن 8 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان پارتىيىۋىلىك پارتىيە ئىستىلى تەربىيىسىنى يولغا قويۇپ، 2 دەرىجىلىك پارتكوم ئورگانلىرىدا ۋە تۇەندىن يۇقىرى كادىرلاردا پارتىيىۋىلىك، پارتىيە ئىستىلى جەھەتتە ساقلىنىۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى بىرقەدەر ياخشى ھەل قىلدى. پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئىزچىللاشتۇرۇش بويىچە ئۆگىنىشنى چىڭ تۇتتى. پارتكوم بەنزىسىنىڭ پرىنسىپچانلىقى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى كۈچەيتتى. بىر يىلدا پارتىيە ئەزالىرىنىڭ قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 12 نى دېلو تۇرغۇزۇپ تەكشۈردى، 17 پارتىيە ئەزاسىغا پارتىيە ئىنتىزامى جازاسى بەردى. ھال ئېيتىپ كەلگەن 17 كىشى كۈتۈۋېلىندى، ئاممىدىن كەلگەن 187 ئەرزىيەت بىرتەرەپ قىلىندى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، مۇۋاپىق جاۋاب بېرىلدى. ئاساسىي قاتلام پارتىيە ياچېيكىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنى دېموكراتىك باھالاش پائالىيىتى گەۋدىلىك تۇتۇلدى. ئاساسىي قاتلام پارتىيە ياچېيكىلىرىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشى مۇكەممەل بولۇپ، تۈزۈملىرى ئەمەلىيلەشتى، دائىم پائالىيەت ئۆتكۈزىدىغان بولدى. پارتىيە ئەزالىرىنى دېموكراتىك باھالاشتا 261 كىشى مۇنەۋۋەر، 680 كىشى لاياقەتلىك، 2793 كىشى ئاساسىي جەھەتتىن لاياقەتلىك بولدى، 58 كىشى ئاساسىي جەھەتتىن لاياقەتسىز، 4 كىشى لاياقەتسىز بولدى.

دىڭ رۇنەي

## ئامانلىقنى قوغداش

1999 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىملىرى شىنجاڭ باش ئەترىتى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەن مەزگىلىدىكى قوغداش ۋەزىپىسىنى ۋە ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى، 50 يىللىق مەرىكە قاتارلىق چوڭ پائالىيەتلەرنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىدى. 20 مىڭ ئادەم (قېتىم) دىن كۆپرەك ئەسكىرىي كۈچ ئاجرىتىپ، نۆۋەتلىك رايونلاردىكى شەھەرلەردە قوراللىق چارلاش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلدى. باش ئەترەت 350 كىشىلىك ئەسكىرىي كۈچنى قاراقاش، كۇچا ناھىيىلىرىگە ئەۋەتىپ مەشىق قىلدۇردى.

لەي گۈيچىڭ

## ئارقا سەپ كاپالىتى

1999 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىملىرى شىنجاڭ باش ئەترىتى چەكلىك مالىيە كۈچى، ماددىي كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئارقا سەپ قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن تۇتتى، كاپالەتلىك قىلىش ئىقتىدارىنى يەنىمۇ ئۆستۈردى. باش ئەترەت قوراللىق ساقچى قىسىملىرى باش شتابى چۈشۈرگەن «قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش» ۋەزىپىسىگە

ئاساسەن، كۆپ تەرەپلىمە مەبلەغ توپلىدى، قورallلىق ساقچى قىسىملىرى باش شتابى قىينىچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش دائىرىسىگە كىرگۈزگەن 22 ناھىيە (شەھەر) لىك ئوتتۇرا ئەترەتنى 74 كە كۆپەيتتى. قوراللىق ساقچى قىسىملىرى باش شتابى سالغان مەبلەغ ئاساسىدا، باش ئەترەت 3 مىليون يۈەن ئاجراتتى ھەمدە يەرلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە ئەسكەر ئىشلەتكۈچى ئورۇنلاردىن 10 مىليون 780 مىڭ يۈەن خىراجەت ئېلىپ «قىينىچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش قورۇلۇشى» غا ئىشلەتتى. 10 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر، 74 ناھىيە (شەھەر) لىك ئوتتۇرا ئەترەتنىڭ ھەممىسى قىينىچىلىقتىن قۇتۇلۇپ بولدى، 2 يىللىق ۋەزىپە بىر يىلدىلا تاماملاندى. 1999 - يىلى 18 مىڭ 382 كۋادرات مېتىر گازارما، 5131 مېتىر قاشاتام، 11 گازارما دەرۋازىسى، 67 ئىسسىق لاپاس، 66 چوشقا قوتىنى، 69 كۆكتات كەمىسى ۋە باشقا سۇ، مۇنچا، ئىسسىنىش قاتارلىق تۇرمۇش ئەسلىھەلىرى ياسىلىپ، قوراللىق ساقچى قىسىملىرى باش شتابى ئوتتۇرىغا قويغان نىشان ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ھەممە ناھىيە (شەھەر) لىك ئوتتۇرا ئەترەتلەرنىڭ قاتتىق دېتال قۇرۇلۇشى غەربىي شىمال رايونى بويىچە 1 - دەرىجىلىك سەۋىيىگە يېتىپ، قوراللىق ساقچى قىسىملىرى باش شتابىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. ئارقا سەپ ئورۇش تەييارلىقى كاپالىتىدە ئەمەلىي ئۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى ئاساس قىلىنىپ، رايونلار بويىچە كاپالەتلىك قىلىش مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، باش ئەترەت، تارماق ئەترەتلەرنىڭ تاسادىپىي ۋەقەلەرنى بىرتەرەپ قىلىشنى جىددىي كاپالەتلەندۈرۈش لايىھىسى تۈزۈلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. ئاپتونوم رايوندىكى قىسىملارنىڭ ئارقا سەپ ئۇرۇش تەييارلىقى كاپالىتى سىستېمىسى ئۈزلۈكسىز تولۇقلاندى ۋە كۈچەيتىلدى.

دىڭ رۇنسەي

## يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىشى

قوراللىق ساقچى قىسىملىرى شىنجاڭ باش ئەترىتى 1999 - يىل 9 - ئايدا ئاساسىي قاتلاملارنىڭ ئارقا سەپ قۇرۇلۇشى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى، يىغىندا شىنجاڭدىكى قىسىملارنىڭ يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ يېڭى يولى ئۈستىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى. باش ئەترەت، تارماق ئەترەتلەر مۇشۇ يىلدا يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىشىغا 6 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى. %50 تىن كۆپ ئوتتۇرا ئەترەتتە كىشى بېشىغا بىر يۈگەدىن كۆكتات يېرى توغرا كەلدى، %60 ئوتتۇرا ئەترەت گۆش، كۆكتات بىلەن ئۆزىنى تەمىنلەشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇردى.

لەي گۈيچىڭ

## كادىرلار خىزمىتى

ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى تاللاپ ئۆستۈرۈش، تەربىيىلەش 1999 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىملىرى شىنجاڭ باش ئەترىتى ئاساسىي قاتلامدىن 29 مۇنەۋۋەر ئەسكەرنى تاللاپ كاندىدات ساقچى ئوفىتسېرلىككە ئۆستۈرۈش ئۈچۈن تاللاپ تەربىيىلىدى. 200 نەچچە يېڭى ئوقۇغۇچىنى ئوقۇشقا قوبۇل قىلدى. يەرلىكتىكى ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن 40 ئوقۇغۇچىنى قوبۇل قىلىپ، قىسىملارغا تولۇقلاپ بەردى. ئازادلىق ئارمىيە ۋە قېرىنداش باش ئەترەتلەردىن 36 ئاساسىي قاتلام كادىرى، 13 تېببىي داۋالاش تېخنىك كادىرنى يۆتكەپ كېلىپ، ئاساسىي قاتلامنى تولۇقلىدى. «ئارمىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشى پروگراممىسى» دىكى تەلەپكە ئاساسەن، بىر بەنزە، 2 قوشۇن (ئاساسىي قاتلام پارتىيە ياچېيكىسى، پارتىيىلىك تايانچلار قوشۇنى، كادىرلار قوشۇنى) قۇرۇلۇشىنى تۇتتى، كادىرلارنى ئىش ئورنىغا چىقىشتىن ئاۋۋال تەربىيىلەش ۋە ۋەزىپىدىكى چاغدا تەربىيىلەش سالمىقىنى زورايتىپ، كادىرلارنىڭ تەربىيىلىنىش ۋە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتىنى ئۆستۈردى. 4 - ئايدا باش ئەترەت ئاساسىي قاتلام كادىرى ۋە ئورگاندىكى 1 - يىلدا دەرىجىلىك كادىردىن 25 كىشىنى تاللاپ قوراللىق ساقچى قىسىملىرى تيەنجىن كوماندىرلار ئىنستىتۇتىغا 3 ئايلىق ئوقۇشقا ئەۋەتتى. سانجى شەھىرىدە ئاساسىي قاتلام مەسئۇل باشلىقلار كۇرسى ئېچىپ، 322 كىشىنى تەربىيىلىدى.

كادىرلار قوشۇنىنى باشقۇرۇش باش ئەترەت دائىملىق ئىدىيىۋى تەربىيە ۋە پارتىيە ئىزالىرىنى دېموكراتىك باھالاش داۋامىدا، كادىرلارنى مۇھىم نۇقتا قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، كادىرلارغا شىنجاڭ رايونىنىڭ ئوبيېكتىپ شارائىتى قىسىم قۇرۇلۇشىغا ئېلىپ كەلگەن قىيىنچىلىقلارنى توغرا تونۇپ، شىنجاڭ باش ئەترىتىگە خاس قۇملۇق روھى (چېگرا رايوندا يىلتىز تارتىش، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش، خەلق ئۈچۈن چېگرىنى قوغداش، ۋەتەننى سۆيۈپ - تۆھپە يارىتىش روھى) نى جارى قىلدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشتەك ئېغىر يۈكنى باتۇرلارچە زىممىسىگە ئېلىپ، قىسىملارنى يۇقىرى ئۆلچەمدە قۇرۇپ، ۋەزىپىلەرنى يۇقىرى سۈپەتتە ئورۇنداش ھەققىدە تەربىيە بەردى.

پەن - تېخنىكا كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى 1999 - يىلى باش ئەترەت 132 كەسپىي تېخنىكا كادىرىنى ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدىكى باھالاشقا، 246 تېخنىكا كادىرىنى چەت

ئەل ئىلىدىن ئېلىنىدىغان ئىمتىھان ۋە ئۇنىۋان دىسسېرتاتسىيىسىگە قاتناشتۇردى. 700 نەچچە كادىرنى ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇشقا ۋە مەكتەپكە كىرىش ئىمتىھانىغا قاتناشتۇردى. 170 يېڭى كۇرسانت قوبۇل قىلىندى.

كادىرلارنى پىلانلىق باشقۇرۇش  مۇشۇ يىلدا تارماق ئەترەت دەرىجىلىك 23 رەھبەرلىك بەنزىسى تەڭشەلدى ۋە تولۇقلاندى. تۆۋەندىن يۇقىرى 93 كادىر، 362 يىلڭ دەرىجىلىك كادىر سەپلەندى. 346 ساقچى ئوفىتسېرنىڭ ئۇنىۋانىنى ئۆستۈرۈش ئىلتىماس قىلىندى ۋە تەستىقلاندى. 11 - ئايدا 2 خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىلىپ تارماق ئەترەتتىن يۇقىرى 26 ئورۇننىڭ بەنزىسى ۋە ھازىرقى ۋەزىيىتىنى ئۆتكەنگە 2 يىلدىن ئاشقان يېڭىدىن يۇقىرى كادىر تەكشۈرۈلدى.

كادىرلارنىڭ كەسىپ ئالماشتۇرۇشى ۋە ھەربىي سەپتىن بوشىنىشى  1999 - يىلى باش ئەترەت كەسىپ ئالماشتۇرىدىغان، ھەربىي سەپتىن بوشىنىدىغان 164 كادىرنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەش ۋە ئارخىپىنى رەتلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى. شىنجاڭ ۋە ئىچكىرىدىكى 12 ئۆلكە - شەھەرگە كەسىپ ئالماشتۇرىدىغان، ھەربىي سەپتىن بوشىنىدىغان كادىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ 291 نۇسخا ئارخىپ ماتېرىيالىنى ئۆتكۈزۈپ بەردى. كەسىپ ئالماشتۇرغان 38 كادىر شىنجاڭ ھەربىيدىن كەسىپ ئالماشتۇرۇش مەركىزىدە تەربىيىلەندى. يىل ئاخىرىغا قەدەر كەسىپ ئالماشتۇرغان، ھەربىي سەپتىن بوشانغان 154 كادىر ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى يەرلىكتىكى ئورۇنلارغا بېرىپ تىزىمغا ئالدۇردى، قىسىمدىن ئايرىلىپ تىزىمغا ئالدۇرۇش نىسبىتى 94% بولدى.

كادىرلارنىڭ پاراۋانلىق خىزمىتى  1999 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىملىرى شىنجاڭ باش ئەترىتى كادىرلارنىڭ ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇردى. 8 - ئايدا ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئائىلە تاۋابىئاتلارنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش كۇرسى ئېچىلىپ، 120 كىشى تەربىيىلەندى، 70% ئائىلە تاۋابىئات ئىشقا چىقىش گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى. باش ئەترەت تۇرمۇش قىيىنچىلىقى قوشۇمچە ياردەم پۇلى، ئەر - خوتۇنلار ئايرىلىپ تۇرۇش پۇلى، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بارلار قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىپ بېرىش، ئائىلە تاۋابىئاتلار ۋە بالىلارنىڭ ئارمىيىگە ئەگىشىپ يۈرۈش رەسمىيىتىنى بېجىرىپ بېرىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق كادىرلارنى غەم - ئەندىشىدىن دەل ۋاقتىدا خالاس قىلدى.

پېشقەدەم كادىرلار خىزمىتى  مۇشۇ يىلدا پېشقەدەم كادىرلارنىڭ ئوقۇشى ئۈچۈن 20 خىل گېزىت - ژۇرنالغا مۇشتەرى بولۇندى. پېشقەدەم كادىرلار 28 قېتىم مۇججەت ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى. پېشقەدەم كادىرلار قەدىرلىك ھالدا كۆڭۈل ئېچىش - مۇسابىقە پائالىيەتلىرىگە ۋە سالامەتلىك تەكشۈرۈشكە تەشكىللەندى. پېشقەدەم كادىرلارنىڭ كۆپەيتىلگەن دەم ئېلىش، پېنسىيە پۇلىنى ھېسابلاش ۋە تارقىتىش خىزمىتى ئىشلەندى. باش ئەترەت كادىرلار دەم ئېلىش ئورنى 300 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ چىقىرىپ، پېشقەدەم كادىرلارنىڭ تۇرالغۇسى، ۋاراتا توپ مەيدانى ۋە پارقازانلارنى ياساپ ۋە رېمونت قىلىپ، پېشقەدەم كادىرلارنىڭ تۇرالغۇ ئۆي مۇھىتىنى ياخشىلىدى.

دىڭ رۇنەي

## خىزمەت كۆرسىتىش - نەمۇنىچى بولۇش ئەھۋالى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك تارماق ئەترەت ئىتتىپاق كومىتېتى 1999 - يىل 5 - ئايدا كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى ۋە قوراللىق ساقچى قىسىملىرى باش شتابى سىياسىي بۆلۈمى تەرىپىدىن 1999 - يىلدىن 2001 - يىلغىچە مەملىكەت بويىچە «4 - ماي» قىزىل بايراقدار ئىتتىپاق كومىتېتى بەرپا قىلىدىغان ئورۇن دەپ بېكىتىلدى.

5 - ئايدا غۇلجا ناھىيىلىك ئوتتۇرا ئەترەتنىڭ باشلىقى ليۇ جەنيۈن ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى، قوراللىق ساقچى قىسىملىرى باش شتابى قاتارلىق 14 ئورۇن (تارماق) تەرىپىدىن «جۇڭگودىكى مۇنەۋۋەر ياش قوغدىغۇچى» دەپ تەقدىرلەندى، 7 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر ياشلار بىرلەشمىسى تەرىپىدىن 4 - نۆۋەتلىك «شىنجاڭدىكى ئون مەشھۇر ياش» نىڭ بىرى دەپ تەقدىرلەندى.

قوراللىق ساقچى قىسىملىرى شىنجاڭ باش ئەترىتىنىڭ باشلىقى مېي شىڭرۇڭ، 1 - سىياسىي كومىسسارى جاڭ شيۇمىڭ، سىياسىي كومىسسارى جاڭ ۋۇلار 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئومۇمىي بۇيرۇققا ئىمزا قويۇپ، خوتەن ۋىلايەتلىك تارماق ئەترەت مۇھاپىزەت - ئالاقە ئوتتۇرا ئەترىتىدىكى بەنجاڭ لى مىڭبو، لوپ ناھىيىلىك ئوتتۇرا ئەترەتتىكى مۇئاۋىن بەنجاڭ ۋۇ لەنلەرگە 2 - دەرىجىلىك تۆھپە يازدى؛ خوتەن ۋىلايەتلىك تارماق ئەترەتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋۇ شىڭۋاڭ قاتارلىق 6 كىشىگە 3 - دەرىجىلىك تۆھپە يازدى.

9 - ئايدا گوۋۇيۈەن، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئىلى ئوبلاستلىق تارماق ئەترەتنى «مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى — تەرەققىياتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ» دەپ تەقدىرلىدى.

قوراللىق ساقچى قىسىملىرى باش شتابى 12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى شىنجاڭ باش ئەترىتى 5 - تارماق ئەترىتى 2 -

ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ باشلىقى جاڭ رۇيخۇا، بوگۇر ناھىيىلىك ئوتتۇرا ئەترەتنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى خې شىنچياڭ، قاراقاش ناھىيىلىك ئوتتۇرا ئەترەتنىڭ باشلىقى كۇڭ خەيېڭلارنى ئەسكەر يېتەكلەشتە مۇنەۋۋەر كادىر دەپ تەقدىرلىدى؛ 1 - تارماق ئەترەت 3 - ئوتتۇرا ئەترىتىدىكى بەنجاڭ ياڭ دۇڭ، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تارماق ئەترەت 1 - ئوتتۇرا ئەترىتىدىكى بەنجاڭ ياڭ دېشياڭ، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق تارماق ئەترەت 2 - ئوتتۇرا ئەترىتىدىكى مۇۋەققەت پەيجاڭ ليۇ شاۋسۇڭلارنى مۇنەۋۋەر بەنجاڭ دەپ تەقدىرلىدى.

قوراللىق ساقچى قىسىملىرى باش شتابى 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى خوتەن ۋىلايەتلىك تارماق ئەترەتنى پارتىيە ئىستىلى پاكلىق قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ دەپ تەقدىرلىدى؛ 2 - تارماق ئەترەتنىڭ سىياسىي كومىسسارى نيې رۇكېيىنى پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار شەخس دەپ تەقدىرلىدى.

قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنىڭ قوماندانى ۋۇ شۇاڭجەن، 1 - سىياسىي كومىسسارى جيا چۈنۋاڭ، سىياسىي كومىسسارى شۇ يۇڭچىڭلار 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئومۇمىي بۇيرۇققا ئىمزا قويۇپ، قەشقەر ۋىلايەتلىك تارماق ئەترەتنى «ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىدىكى ئۈلگىلىك تارماق ئەترەت» دەپ تەقدىرلىدى ھەمدە كوللېكتىپ 2 - دەرىجىلىك تۆھپە يازدى.

قوراللىق ساقچى قىسىملىرى باش شتابى 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى شىخەنزە شەھەرلىك تارماق ئەترەت، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق تارماق ئەترەتنى ئۇدا 5 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت «ئۈچنى قىلمىغان» (ئېغىر مەمۇرىي مەسئۇلىيەت ھادىسىسى سادىر قىلمىغان، ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ھادىسىسى سادىر قىلمىغان، جىنايى ئىشلار دېلوسى سادىر قىلمىغان) تارماق ئەترەت دەپ تەقدىرلىدى.

قوراللىق ساقچى قىسىملىرى شىنجاڭ باش ئەترىتىنىڭ باشلىقى مېي شىڭرۇن، 1 - سىياسىي كومىسسارى جاڭ شيۇمىڭ، سىياسىي كومىسسارى جاڭ ۋۇلار 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئومۇمىي بۇيرۇققا ئىمزا قويۇپ، 2 -، 5 - تارماق ئەترەت، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تارماق ئەترەت، خوتەن ۋىلايەتلىك تارماق ئەترەت، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق تارماق ئەترەتلەرنى ئىلغار تارماق ئەترەت دەپ تەقدىرلىدى؛ باش ئەترەت سىياسىي بۆلۈم تەشكىلات باشقارمىسى قاتارلىق 12 باشقارما (بۆلۈم) نى ئىلغار باشقارما (بۆلۈم) دەپ تەقدىرلىدى؛ 1 - تارماق ئەترەتنىڭ 2 - ئوتتۇرا ئەترىتى قاتارلىق 79 ئوتتۇرا ئەترەتنى ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ئوتتۇرا ئەترەت دەپ تەقدىرلىدى؛ 8 - تارماق ئەترەتنىڭ 4 - ئوتتۇرا ئەترىتى 1 - پەيگە كوللېكتىپ 2 - دەرىجىلىك تۆھپە يازدى؛ باش شتاب مېھمانخانىسىغا كوللېكتىپ 3 - دەرىجىلىك تۆھپە يازدى؛ 8 - تارماق ئەترەت 2 - چولۇ ئەترىتىنىڭ باشلىقى يۈەن دىڭيۇ، 4 - ئوتتۇرا ئەترىتىدىكى بەنجاڭلاردىن ئەخمەت، لۇي چىڭجاۋ، ئۈرۈمچى كوماندىرلار مەكتىپى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ كادىرى غوپۇرلارغا 2 - دەرىجىلىك تۆھپە يازدى؛ قەشقەر ۋىلايەتلىك تارماق ئەترەتنىڭ باشلىقى گو جۇڭۇي قاتارلىق 43 كىشىگە 3 - دەرىجىلىك تۆھپە يازدى.

تيەن شىچۈن

## جۇڭگودىكى مۇنەۋۋەر ياش قوغدىغۇچى

قوراللىق ساقچى قىسىملىرى شىنجاڭ باش ئەترىتى ئىلى ئوبلاستلىق تارماق ئەترىتى غۇلجا ناھىيىلىك ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ باشلىقى ليۇ جەنيۈن 1999 - يىل 5 - ئايدا «جۇڭگودىكى مۇنەۋۋەر ياش قوغدىغۇچى» بولۇپ سايلاندى.

ليۇ جەنيۈن بۇ يىل 29 ياشتا، ئۇ قىسىمغا كىرگەن 10 يىلدىن بۇيان مەيدانى مۇستەھكەم، شەخسىيەتسىز ۋە جىگەرلىك بولۇپ، جەڭلەردە باتۇرلۇق كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن دەرىجە ئاتلىتىپ كادىرلىققا ئۆستۈرۈلگەن. 1999 - يىل 2 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئەينى ۋاقىتتا مۇئاۋىن بەنجاڭلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان ليۇ جەنيۈن قورال بۇلىغان، كادىر - ساقچىلار ۋە ئاممىنى ئۆلتۈرگەن بىر زوراۋاننى تۇتۇش جېڭىگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاتلىنىدۇ، زوراۋان ئۇنىڭ قورسىقىنى يارىلاندۇرغان ئەھۋالدا ئۇ سەپداشلىرى بىلەن بىللە زوراۋاننى ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ. 1999 - يىل 7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ليۇ جەنيۈن بۇيرۇققا بىنائەن 10 ئوفىتسېر - ئەسكەرنى باشلاپ مىلتىق بىلەن ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىلنى تۇتۇش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشقا بارىدۇ، ئۇ جىنايەتچى غالجىرلارچە ئوق ئېتىۋاتقان خەتەرلىك پەيتتە پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ جىنايەتچىنى كەسكىنلىك بىلەن ئېتىپ يارىلاندۇرىدۇ ھەمدە جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەن بۇ جىنايەتچىنى شۇ جايىنىڭ ئۆزىدىلا ئېتىپ تاشلايدۇ. كۆپ يىللاردىن بۇيان ليۇ جەنيۈن ئائىلە قىيىنچىلىقىنى ۋە بەدىنىنىڭ ئوق تەگكەن يېرىنىڭ ئاغرىقىنى يېڭىپ، ھەممە ئىشتا ئۆزى ئۈلگە بولۇپ، ئەترەتنى پروگرامما بويىچە قۇرۇش يولىدا ئىش كۆردى، ئۇ باشقۇرغان ئوتتۇرا ئەترەت قوراللىق ساقچى قىسىملىرى باش شتابى تەرىپىدىن «ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ئوتتۇرا ئەترەت» دەپ تەقدىرلەندى. ئۇ قىسىم تۇرۇشلۇق جايدىكى نامرات ئائىلىلەر ۋە ئوقۇشسىز قالغان بالىلارغا 3600 يۈەن پۇل ئىئانە قىلدى. ئۇ باشقۇرغان ئوتتۇرا ئەترەت 2 قېتىم شەرەپ بىلەن كوللېكتىپ 2 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ شەرەپ بىلەن 2 قېتىم 2 - دەرىجىلىك، 2 قېتىم 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسىتىپ، «جۇڭگودىكى مۇنەۋۋەر ياش قوغدىغۇچى»، «شىنجاڭدىكى ئون مەشھۇر ياش» نىڭ بىرى، «شىنجاڭدىكى ئون مەشھۇر ياش قوغدىغۇچى»،

«تۇنجى نۆۋەتلىك قوراللىق ساقچى قىسىملىرى شىنجاڭ باش ئەترىتىدىكى ئون سادىق قوغدىغۇچى» نىڭ بىرى، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخس» دەپ تەقدىرلەندى، قوراللىق ساقچى قىسىملىرى باش شتابى تەرىپىدىن «ئاساسىي قاتلامدىكى ئەسكەر يېتەكلىگۈچى مۇنەۋۋەر كادىر» دەپ تەقدىرلەندى.

لەي گۈيچىڭ

## تۇنجى نۆۋەتلىك «قوراللىق ساقچى قىسىملىرى شىنجاڭ باش ئەترىتىدىكى ئون سادىق قوغدىغۇچى»

1999 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىملىرى شىنجاڭ باش ئەترىتى نەچچە 10 مىڭ ئوفىتسېر - ئەسكەر ئارىسىدىن تۇنجى نۆۋەتلىك «قوراللىق ساقچى قىسىملىرى شىنجاڭ باش ئەترىتىدىكى ئون سادىق قوغدىغۇچى» نى باھالاپ چىقتى. ئۇلار: 3 - تارماق ئەترەت ئارقا سەپ باشقارمىسىنىڭ باشلىقى لى ۋېي، 5 - تارماق ئەترەت ئالاھىدە ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ئوتتۇرا ئەترىتىدىكى بەنجاڭ چېن يۇڭجى، 6 - تارماق ئەترەت 3 - چوڭ ئەترىتىنىڭ باشلىقى جاڭ شىڭفۇ، 8 - تارماق ئەترەت 2 - چوڭ ئەترىتىنىڭ باشلىقى يۈەن دىڭيۇ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك تارماق ئەترەت 2 - چوڭ ئەترەت 4 - ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى ما جۇنۋېي (خۇيزۇ)، غۇلجا ناھىيىلىك ئوتتۇرا ئەترەتنىڭ باشلىقى ليۇ جەنيۇن، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تارماق ئەترەت 1 - ئوتتۇرا ئەترىتىدىكى پەيجاڭ ليۇ چيەنشەن، بايىنغولىن ئوبلاستلىق تارماق ئەترەت سىياسىي باشقارمىسى قوغداش بۆلۈمچىسىنىڭ باشلىقى مەمەت مەتنىياز، قەشقەر ۋىلايەتلىك تارماق ئەترەت 3 - چوڭ ئەترىتى 9 - ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى پەن يۈەنشۇ، خوتەن ۋىلايەتلىك تارماق ئەترەت مۇھاپىزەت - ئالاقە ئوتتۇرا ئەترىتىدىكى مۇئاۋىن بەنجاڭ لى مىڭبو.

باش ئەترەت پارتكومى 10 سادىق قوغدىغۇچىدىن ئۆگىنىش توغرىسىدا قارار چىقاردى ھەمدە پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى قىسىملارغا تەقدىرلەش ئومۇمىي بۇيرۇقى ئېلان قىلدى.

دىڭ رۇنسەي

## مەدەنىيەت - تەشۋىقات خىزمىتى

مەدەنىيەت مۇئەسسەسەلىرى 1999 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىملىرى باش ئەترىتى ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىغا كارا OK كۆرۈش، ئاڭلاش ئۈسكۈنىسىدىن 30 يۈرۈش سەپلەپ بەردى، 140 يۈرۈش CD ئاپپاراتى، 21 دانە رەڭلىك تېلېۋىزور، 42 دانە VCD ئاپپاراتىنى ئالماشتۇرۇپ بەردى، 35 يۈرۈش سۈنئىي ھەمراھ تېلېۋىزىيە قوبۇللاش ئانتېنىسى ئورنىتىپ بەردى، 1600 دانە ۋاسكېتبول، پۇتبول، ۋالېبول تارقىتىپ بەردى، 460 دانە ھەرخىل ئېلېكتر سايمان ۋە كىنو قويۇش ئاپپاراتىنى رېمونت قىلىپ بەردى، 6 زاپاس تارماق ئەترەتكە كىنو قويۇش ئاپپاراتى سەپلەپ ئورنىتىپ بەردى، 2200 كىنو فىلىمى، 3500 قاپ سىنئالغۇ فىلىمى 2700 دانە VCD پلاستىنكىسى تارقاتتى، مائارىپقا ئائىت ھەرخىل سىن لېنتىسىدىن 800 قاپ كۆچۈرۈپ كۆپەيتتى.

مەدەنىي تۇرمۇش شۇ يىل ئىچىدە بىر قارار كىنوچىلار كۇرسى ئېچىلىپ، 80 كىشى تەربىيىلەندى. 5 - ئايدا ئاپتونوم رايوندىكى بارلىق قىسىملاردا كارا OK مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. 6 - ئايدا «1 - ئىيۇل» نى تەبرىكلەش، ئاۋېيىنىڭ ۋەتەن قويىنىغا قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن ھۆسنخەت - رەسىم - گۈزەل سەنئەت، فوتو سۈرەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلۈپ، 300 گە يېقىن ئەسەر كۆرگەزمىگە قاتناشتۇرۇلدى. 7 - ئايدا ئاپتونوم رايوندىكى قىسىملارنىڭ «زەيتۇن لوڭقىسى» نى تالىشىش بويىچە رايونلارغا ئايرىلغان ۋاسكېتبول مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. 9 - ئايدا ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق قىسىملارنىڭ دۆلەت بايرىمىنى كۈتۈۋېلىش ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكى ۋە ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق تارماق ئەترەتلەرنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت نومۇرلىرى سىنئالغۇ فىلىملىرىنى باھالاپ تاللاش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى، 118 نومۇردىن 20 مۇنەۋۋەر نومۇر تاللاپ چىقىلىپ مۇكاپاتلاندى. 10 - ئايدا قوراللىق ساقچى قىسىملىرى باش شتابى ئۆتكۈزگەن ئەركىن مۇشتلىشىش مۇسابىقىسىگە ئادەم تەشكىللەپ قاتناشتۇرۇلدى، مۇسابىقىگە قاتناشقانلار ئىسىم تەرتىپىگە كىردى.

خەۋەر ئاخباراتچىلىقى مۇشۇ يىلدا «خەلق» گېزىتى، «ئازادلىق ئارمىيە گېزىتى»، «قانۇنچىلىق گېزىتى»، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قاتارلىق مەركەز دەرىجىلىك گېزىت - ژۇرنال، رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىدا 216 پارچە ھەرخىل ماقالە ئىشلىتىلدى. «خەلق قوراللىق ساقچىلىرى گېزىتى» دە 220 پارچە ماقالە ئېلان قىلىندى. ئۆلكە دەرىجىلىك گېزىت - ژۇرنال، رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىدا 429 ماقالە ئىشلىتىلدى. باش ئەترەتنىڭ تېلېۋىزىيە خىزمىتى پونكىتى قانۇن - تۈزۈم تەربىيىسى فىلىمى، ماتېرىيال فىلىم، دوكلات فىلىمىدىن 42 نى ئىشلەپ، قىسىملارنىڭ سىياسىي تەربىيە خىزمىتىگە ئۈنۈملۈك ماسلاشتى. مۇشۇ يىل ئىچىدە خەۋەر ئاخباراتچىلىرى كۇرسىدىن بىر قارار ئېچىلىپ، 50 خەۋەرچى تەربىيىلەندى.

لەي گۈيچىڭ

## خېيىمخەتەر ۋە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش

1999 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىملىرى شىنجاڭ باش ئەترىتى 68 قېتىم كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇپ خەتەردىن قۇتقۇزۇشقا قاتناشتى، بۇنىڭغا 16 مىڭ 862 ئادەم (قېتىم)

ئەسكىرىي كۈچ ئاجرىتىلدى. ئوتتىسى ئۈچۈرۈپ خەتەردىن قۇتقۇزۇشقا 23 قېتىم ئىشتىراك قىلىندى، بۇنىڭغا 578 ئادەم ئاجرىتىلدى، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىدىن 31 كىشى قۇتقۇزۇۋېلىندى، 1 مىليون يۈەندىن كۆپرەك ئىقتىسادىي زىيان قايتۇرۇۋېلىندى. مۇشۇ يىل ئىچىدە زور خەتەردىن قۇتقۇزۇشقا 2 قېتىم ئىشتىراك قىلىندى. ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر ئاپەت رايونىغا پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلىشقا تەشكىللىنىپ، 460 مىڭ يۈەن پۇل، 446 مىڭ 634 يۈەن قىممىتىدىكى 20 مىڭ 266 ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلىندى. ئاپەت رايونىغا 255 توننا ماددىي ئەشيا توشۇلدى.

لەي گۈيچىڭ

## ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش - خەلقنى سۆيۈش

1999 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىملىرى شىنجاڭ باش ئەترىتى قىسىملارنى يەرلىك ئورۇنلار قانات يايدۇرغان مەدەنىي شەھەر، مەدەنىي كەنت - بازار، مەدەنىي ساھە بەرپا قىلىش پائالىيىتىگە قاتناشتۇردى. قىسىملاردا «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش كۈنى» پائالىيىتى داۋاملىق قانات يايدۇرۇلدى، بۇنىڭدا ھەر ئاينىڭ ئاخىرقى شەنبە كۈنى قىسىملار ئۆزى تۇرۇشلۇق جايدىكى ئاساسلىق كوچا، ئاممىۋى سورۇن، ۋوگزال، ئايرودروم، ئارمىيە - خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىدىغان ئورۇن قاتارلىق جايلارغا بېرىپ خەلققە قولايلىق، خەلققە پايدىلىق مۇلازىمەتلەرنى كەڭ كۆلەمدە بىر تۇتاش قانات يايدۇردى. «1 - ئاۋغۇست» ھارپىسىدا ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق قىسىملاردىكى دوختۇر - سېستىرالاردىن 300 كىشى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن كەڭ كۆلەملىك خالىسانە كېسەل كۆرۈش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈشكە تەشكىللەندى. جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولى تىجارىتىنىڭ بىخەتەر بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، مۇشۇ يىل ئىچىدە جەنۇبىي شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملار ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە جەنۇبىي شىنجاڭ مەدەنىي تۆمۈريول لىنىيىسى بىرلىكتە بەرپا قىلىش پائالىيىتىگە قاتنىشىشقا تەشكىللەندى، تۇنجى تۈركۈمدە جۈپلەشتۈرۈلگەن 12 ئورۇن بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش بويىچە ئىمزا قويۇش پائالىيىتىگە قاتناشتى. باش ئەترەت ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى، شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى بىلەن بىرلىكتە بىرلەشمە خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ نىلقا ناھىيىسىگە تەكشۈرۈشكە ئەۋەتتى، قىسىملار ئىئانە قىلغان 50 مىڭ يۈەن نامراتلارنى قۇتقۇزۇش پۇلىنى يەتكۈزۈپ بەردى. باش ئەترەت سىياسىي بۆلۈم پارتكومى 1999 - يىلدىن باشلاپ ئۈرۈمچى ناھىيىسى بەنفاڭگو يېزىسىدىكى قىيىنچىلىقى ئېغىر 10 ئاز سانلىق مىللەت باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتىن ئالىي مەكتەپكىچە بولغان ئوقۇش خىراجىتىنى ئۈستىگە ئېلىشنى قارار قىلدى ھەمدە 5 - ئايدا 1999 - يىللىق 4000 يۈەن ياردەم پۇلىنى ۋە ھەر بىر ئوقۇغۇچى ئۈچۈن تەييارلانغان 50 يۈەن قىممىتىدىكى ئۆگىنىش قوراللىنى يەتكۈزۈپ بەردى.

دىڭ رۇنسەي

# قوراللىق ساقچى قىسىملىرى شىنجاڭ بىڭتۇەن قوماندانلىق شتابى

## قوراللىق ساقچى قىسىملىرى شىنجاڭ بىڭتۇەن قوماندانلىق شتابى رەھبەرلىرىنىڭ ئىسىملىكى

مۇدىر: ۋاڭ شياۋلۇڭ (داشياۋ).

1 - سىياسىي كومىسسار: ياڭ سى (قوشۇمچە).

سىياسىي كومىسسار: ۋاڭ جۇڭشىڭ (داشياۋ).

مۇئاۋىن مۇدىرلار: ياڭ جىڭچىڭ (داشياۋ)، جاڭ شىنرۇي (داشياۋ).

مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: ۋاڭ گۇاڭبىن (داشياۋ)، خاۋ ۋېنشياڭ (داشياۋ)، ۋاڭ جيەنشىن (داشياۋ).

## ئۇرۇش تەييارلىقى ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىش

1999 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىملىرى شىنجاڭ بىڭتۇەن قوماندانلىق شتابى «مەشغۇلات رايونىدا ۋەزىپە ئىجرا قىلىشقا دائىر بەلگىلىمىلەر»، «ۋاقىتلىق لاۋازىمەتنى تەشكىللەش ۋە يولغا قويۇش» ۋە «ۋەزىپە ئىجرا قىلىشنى باشقۇرۇشقا دائىر بىرقانچە بەلگىلىمە» نى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇنتىزىملاشقان ۋەزىپە ئىجرا قىلىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى يولغا قويۇپ، لاۋازىمەت تەربىيىسىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە «ئۈچ بىر قېتىم» (ۋەزىپە ئىجرا قىلىش خىزمىتىنى بىر قېتىم تەكشۈرۈش، نىشانلانغان ئورۇننى بىر قېتىم زىيارەت قىلىش، ۋەزىپە ئىجرا قىلىش خىزمىتىنى بىر قېتىم تەھلىل قىلىش) پائالىيىتىنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇپ، ۋەزىپە ئىجرا قىلىش تەرتىپىنى ئۈزلۈكسىز قېلىپلاشتۇردى؛ ئىلغار قاراۋۇللۇق ئورنى، لاياقەتلىك قاراۋۇللۇق ئورنى، لاياقەتسىز قاراۋۇللۇق ئورنىنى باھالاش ئاساسىي شەكىل قىلىنغان ۋەزىپە ئىجرا قىلىش سۈپىتىنىڭ

دەرىجىسىنى سېلىشتۇرۇپ باھالاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ۋەزىپە ئىجرا قىلىشنىڭ رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمىنى كۈچەيتتى؛ تارماق ئەترەت رەھبەرلىرى بۆلەكنى، ئورگان ۋە چوڭ ئەترەت كادىرلىرى نۇقتىنى، ئوتتۇرا ئەترەت (پەي) كادىرلىرى قاراۋۇللۇق ئورنىنى ھۆددىگە ئېلىشتىن ئىبارەت ۋەزىپە ئىجرا قىلىشنى تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ۋەزىپە ئىجرا قىلىش تورىنى قۇردى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى؛ نىشان ئورۇن بىلەن «بىرلىكتە قۇرۇش، بىرلىكتە باشقۇرۇش، بىخەتەرلىككە بىرلىكتە كاپالەتلىك قىلىش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، ۋەزىپە ئىجرا قىلىشنى ئىككى تەرەپلىمە نازارەت قىلىشنى يولغا قويدى؛ يوشۇرۇن قاراۋۇل قويۇش ۋە 3 كىشىلىك جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش گۇرۇپپىسى قۇرۇش تۈزۈمىنى داۋاملاشتۇردى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى، تاسادىپىي ۋەقەلەرنى بىرتەرەپ قىلىش لايىھە مانېۋىرى ۋە «ئۈچتىن مۇداپىئەلىنىش» (ھۇجۇمدىن، قورال بۇلاشتىن، تۈرمىدىن قېچىشتىن مۇداپىئەلىنىش) خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، تاسادىپىي ۋەقەلەرنى بىرتەرەپ قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى. مۇشۇ يىل ئىچىدە 5 قېتىمدا 8 جىنايەتچىنىڭ قېچىشىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك توسۇپ قېلىندى، بىرەر قېتىممۇ قوراللىق ساقچىنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىكىدىن جىنايەتچى قېچىپ كېتىش ۋەقەسى كۆرۈلمىدى. 1027 ئادەم (قېتىم)، 74 دانە ئاپتوموبىل (قېتىم) ئاجرىتىلىپ، 19 قېتىم ۋاقىتلىق لاۋازىمات ۋەزىپىسى ئورۇندالدى.

كاڭ يۈڭئەن

## ھەربىي تەلىم - تەربىيە

1999 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىملىرى شىنجاڭ بىڭتۈەن قوماندانلىق شتابى ئەسكەرلەرنى سىناشتا ئالدى بىلەن ئوفىتسېرلارنى سىناش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ، مەشىق ماھىرلىرى ۋە ئۆگەتكۈچىلەرنى تەربىيىلەشنى گەۋدىلىك ھالدا تۇتتى. 7 - ئايدا ھەرقايسى ئورۇنلاردىكى مەسئۇل ھەربىي - مەمۇرىي باشلىقلار، شتاب باشلىقلىرى، بۆلۈمچە باشلىقلىرى (مەشىق، مۇھاپىزەت)، چوڭ ئەترەت باشلىقلىرى، ئوتتۇرا ئەترەت باشلىقلىرى ۋە ئورگاندىكى باشقارمىدىن يۇقىرى رەھبەرلەردىن 230 كىشىنى ھەربىي ئىشلار كەسپى بويىچە يىغىپ تەربىيىلىدى. مۇشۇ يىل ئىچىدە 2 دەرىجىلىك ئوقۇتۇش ئەترىتى 8 قارار كۇرس ئېچىپ، ئوتتۇرا ئەترەتلەرنىڭ مەسئۇل باشلىقلىرى، سەنمۇلىرى ۋە تۈرلۈك ئۆگەتكۈچىدىن 546 كىشىنى يىغىپ تەربىيىلىدى؛ ۋەزىپە ئىجرا قىلغۇچى شۆبە ئەترەتلەر يەككە ئەسكەر، كىچىك شۆبە ئەترەتلەرنىڭ تېخنىكا ۋە تاكتىكىسىنى ئۆستۈرۈشنى چۆرىدىگەن ھالدا ۋەزىپە ئىجرا قىلىش بىلەن مەشىق قىلىشقا نۆۋەتلەشتۈرۈپ سېلىش، مەخسۇس ۋەزىپە بويىچە مەخسۇس مەشىق قىلدۇرۇش تۈزۈمىنى داۋاملاشتۇردى. «بەش كىچىك مەشىق» پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، تېز بىرتەرەپ قىلىش ۋە دۈشمەننى بىر پەنت بىلەن بوي سۇندۇرۇش، 1 - پاي ئوقنى نىشانغا تەگكۈزۈش مەشىقىنى نۇقتىلىق گەۋدىلەندۈردى. قورالنى تېز ئېلىش، ھۇجۇمغا تېز ئاتلىنىش، تاسادىپىي ئەھۋال يۈز بەرگەندە 30 سېكۇنت ئىچىدە تېز ئىنكاس قايتۇرۇش، ئۇخلاۋاتقان چاغدا 60 سېكۇنت ئىچىدە تېز ئىنكاس قايتۇرۇش ۋە ھەش - پەش دېگۈچە تېز ئىنكاس قايتۇرۇش قاتارلىق تۈرلەر بويىچە نىشانلىق مەشىق ئېلىپ باردى؛ زاپاس شۆبە ئەترەتلەر تاسادىپىي ۋەقەلەرنى بىرتەرەپ قىلىشنى چۆرىدىگەن ھالدا، «ئەسكەرلەرنى تولۇق تەشكىللەپ، قورال - جابدۇقلارنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، ھەممە تۈر بويىچە مەشىق قىلىش» نى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، تېز ئىنكاس قايتۇرۇش، جىددىي ئەھۋالنى بىرتەرەپ قىلىش قاتارلىق تۈرلەردىكى مەشىقنى قانات يايدۇرۇشتا چىڭ تۇردى. قوماندانلىق شتاب ئورگىنى ۋە 6 - تارماق ئەترەت ئورگىنى ۋە ئۇنىڭ قارىمىقىدىكى قىسمەن ئوتتۇرا ئەترەتلەرنىڭ نەتىجىسى قوراللىق ساقچى قىسىملىرى باش شتابىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئارىلاپ سىنىشىدا ياخشىدىن يۇقىرى بولدى. ئورۇش قىلىش - لاۋازىمات باشقارمىسىدىن لى جىيەن ھەربىي ئىشلار نەزەرىيىسى سىنىقىدا 1 - بولدى، قوماندانلىق شتاب ئىشخانىسىدىن چېن شىن ھەربىي ئىشلار بويىچە «ئالتىنى بىلىدىغان» يېڭى تېخنىكا ماھىرلىرىنى سىناشتا 1 - بولدى. 1 - تارماق ئەترەت 22 - ئوتتۇرا ئەترەتتىن ۋاڭ يۇڭ، ئوقۇتۇش چوڭ ئەترىتىدىن فاڭ خۇيجۈن، ليۇ شىنلار قوراللىق ساقچى قىسىملىرى باش شتابى تەرىپىدىن مۇشۇ يىللىق مۇنەۋۋەر ئۆگەتكۈچى بولۇپ باھالاندى.

كاڭ يۈڭئەن

## سىياسىي تەربىيە

1999 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىملىرى شىنجاڭ بىڭتۈەن قوماندانلىق شتابى «پارتىيە ۋە خەلقنىڭ سادىق قوغدىغۇچىسى بولۇش» ئاساسىي تېما قىلىنغان «تۆت تەربىيە» (ۋەتەننى سۆيۈش - تۆھپە قوشۇش تەربىيىسى، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش تەربىيىسى، كادىرلارنى ھۆرمەتلەش - ئەسكەرلەرنى سۆيۈش تەربىيىسى، ئىنقىلابىي كىشىلىك تۇرمۇش قاراش تەربىيىسى) نى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇردى؛ «پارتىيىنى، ۋەتەننى، قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنى، بىڭتۈەننى سۆيۈش»، «ئۈچنى ھۆرمەتلەش، ئۈچنى سۆيۈش» (يەرلىك پارتكوم ۋە رەھبەرلەرنى ھۆرمەتلەش، خەلقنى سۆيۈش؛ ج خ ئورگانلىرى ۋە نىشان ئورۇننى ھۆرمەتلەش، قاراۋۇللۇق ئورنىنى سۆيۈش؛ كادىرلارنى ھۆرمەتلەش،

ئەسكەرلەرنى سۆيۈش) تەربىيىسى ۋە «توغراق روھى» تەربىيىسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، كەڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنىڭ چېگرا رايوننى قىزغىن سۆيۈش، گازارمىغا ئۆزىنى بېغىشلاش قىزغىنلىقىنى قوزغاتتى، ساقچى قىسىم بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ، ساقچى قىسىم بىلەن خەلقنىڭ ۋە تۈرمە بىلەن قوراللىق ساقچىلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ قويۇقلاشتۇردى. ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ جۇڭگونىڭ يۇگوسلاۋىيە ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنى بومباردىمان قىلغانلىقىدەك قەبىھ جىنايى قىلمىشى، لى دېڭخۇينىڭ «ئىككى جۇڭگو نەزەرىيىسى» شۇنداقلا لى خۇڭجىنىڭ «فالۇن گۇمپىسى» ۋەقەسىگە قارىتا، بارلىق قىسىملاردا چوڭقۇر پاش قىلىش، رەددىيە بېرىش، تەنقىد قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، كەڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنىڭ بارلىق قەبىھ كۈچلەر ۋە قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارغا قارشى كۈرەش قىلىشتىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە مەجبۇرىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتتى. بىر - بىرىگە ياردەم بېرىش، بىر - بىرىدىن ئۆگىنىش، بىر - بىرىنى باشقۇرۇش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇردى، دائىملىق ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئارقىدا قالغان 360 جەڭچىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ياردەم بەردى.

كالڭ يۈڭشەن

## «ئۇل قۇرۇلۇش» قۇرۇلۇشى

1999 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىملىرى شىنجاڭ بىڭتۈەن قوماندانلىق شتابى 2 قارار ئاساسىي قاتلام مەسئۇل باشلىقلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، 154 چوڭ، ئوتتۇرا ئەترەتتىن 230 كادىرنى تەربىيىلىدى. ھەرقايسى تارماق ئەترەتلەر بىر قاراردىن 2 قارارغىچە ئاساسىي قاتلام پارتىيە ياچېيكا ھەيئەتلىرى ۋە ئاساسىي قاتلام تايانچلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى. پارتىيە ئەزالىرىنى دېموكراتىك باھالاش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، 107 مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى باھالاپ چىقىلدى، باھالاشتا لاياقەتسىز بولغان 6 پارتىيە ئەزاسى بىر تەرەپ قىلىندى. «ئىلغار بولۇش - ئەلا نەتىجە يارىتىش» پائالىيىتىدە كوللېكتىپ 2 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن ئوتتۇرا ئەترەتتىن بىرى، كوللېكتىپ 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن ئوتتۇرا ئەترەتتىن 4 ى، ئۈلگىلىك ئوتتۇرا ئەترەتتىن بىرى، ئىلغار ئوتتۇرا ئەترەتتىن 24 ى، 2 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن كىشىدىن 3 ى، 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن كىشىدىن 167 سى، مۇنەۋۋەر ئەسكەردىن 1311 ى مەيدانغا كەلدى. 1 - تارماق ئەترەت ئىتتىپاق كومىتېتى قوراللىق ساقچى قىسىملىرى باش شتابى تەرىپىدىن تۇنجى تۈركۈمدىكى «مەملىكەتلىك «4 - ماي» قىزىل بايراقدار ئىتتىپاق كومىتېتى» بەرپا قىلغان ئورۇن بولۇپ باھالاندى. 3 - تارماق ئەترەتتىن يۈەن فۇچېڭ باش سىياسىي بۆلۈم تەرىپىدىن ئارمىيە بويىچە مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھالاندى، 1 - تارماق ئەترەتتىن سۇڭ ئەيجاڭ ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن «ئون مەشھۇر ياش» نىڭ بىرى بولۇپ باھالاندى. 4 - تارماق ئەترەتتىن سۇن بو «بىڭتۈەن بويىچە مۇنەۋۋەر ياش قوغدىغۇچى»، 7 - تارماق ئەترەتتىن جاڭ تىڭباۋ «تۇنجى نۆۋەتلىك مەشھۇر ياش قوغدىغۇچى» نىڭ بىرى بولۇپ باھالاندى.

كالڭ يۈڭشەن

## ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش - خەلقنى سۆيۈش

1999 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىملىرى شىنجاڭ بىڭتۈەن قوماندانلىق شتابى ئورگىنى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق قىسىملار 13 مىڭ 399 ئادەم (قېتىم)، 13 مىڭ 595 ئەمگەك كۈنى، 211 ئاپتوموبىل (قېتىم) ئاجرىتىپ ئۈرۈمچىدە «100 مو ئۈجمىزارلىق» بەرپا قىلىش قاتارلىق يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە جامائەت پاراۋانلىقى پائالىيەتلىرىگە قاتناشتى. ئانا دەريانى قوغداش پائالىيىتىگە 70 مىڭ 96 . 288 يۈەن پۇل ئىئانە قىلدى، 331 مىڭ 500 تۈپ كۆچەت تىكتى. شىخەنزە، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردا كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇپ، خەتەردىن قۇتقۇزۇشقا 4334 ئادەم (قېتىم)، 56 ئاپتوموبىل (قېتىم) ئاجراتتى. مۇشۇ يىل ئىچىدە ئاپەت رايونىغا ياردەم بېرىش، نامراتلارنى يۆلەش - مائارىپقا ياردەم بېرىش قاتارلىقلارغا 200 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلدى. خېيىمخەتەر ۋە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش جەريانىدا دۆلەتنى 10 مىليون يۈەندىن كۆپرەك ئىقتىسادىي زىياندىن ساقلاپ قالدى. قىسىملار ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق جايلارغا 228 يېتەكچى (قېتىم) ئەۋەتىپ، 14 مىڭ 824 ئوقۇغۇچى (قېتىم) غا ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئېلىپ باردى. 115 مەيدان (قېتىم) دۆلەت مۇداپىئە تەربىيىسى ئېلىپ باردى، 70 مەيدان (قېتىم) تەربىيە دوكلاتى بەردى، تەربىيە ئالغانلار 4550 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى.

كالڭ يۈڭشەن

## خەۋەر ئاخباراتچىلىقى

1999 - يىلى 11 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگە قەدەر قوراللىق ساقچى قىسىملىرى شىنجاڭ بىڭتۈەن قوماندانلىق شتابى «خەلق» گېزىتى قاتارلىق مەركەز دەرىجىلىك گېزىت - ژۇرنال، رادىئو ئىستانسىلىرىدا 238 پارچە ماقالە ئېلان قىلدى، «خەلق قوراللىق ساقچىسى گېزىتى» دە 101 پارچە،

ئۆلكە دەرىجىلىك گېزىت ـ ژۇرناللاردا 900 پارچە ماقالە ئېلان قىلدى. 3 ـ نۆۋەتلىك قوراللىق ساقچى ئەدەبىيات ـ سەنئەت مۇكاپاتى» نى باھالاشتا 8 كىشىنىڭ 6 ئەسىرى 2 ـ، 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى. بىڭتۈەن قوماندانلىق شتابى قوراللىق ساقچى قىسىملىرى باش شتابى تەرىپىدىن ئۇدا خەۋەر ئاخباراتچىلىقىدىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى ھەمدە ئومۇمىي ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق تەقدىرلەندى.

كاڭ يۇڭشەن

## ئارقا سەپ كاپالىتى

1999 ـ يىلى قوراللىق ساقچى قىسىملىرى شىنجاڭ بىڭتۈەن قوماندانلىق شتابى «ئاساسىي قاتلاملارنىڭ مالىيىسىنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى»، «قوماندانلىق شتاب ئورگىنىنىڭ خىراجىتىنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى» نى تۈزۈپ چىقتى. پۈتۈن قىسىمنىڭ مالىيىسىدە ئومۇمىي كىرىم ـ چىقىم تەڭپۇڭ بولغان ئاساستا 20 مىليون يۈەن خىراجەت تېجەپ قېلىندى. قاراشلىق قىسىملارنىڭ 1998 ـ يىللىق خىراجەت نەق چوتى ۋە 1999 ـ يىللىق خىراجەت خام چوتى ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىندى، تەپتىشلىك سوممىسى 60 مىليون يۈەندىن كۆپرەككە يەتتى. پىلاندىكى 1 مىليون يۈەندىن كۆپرەك نامۇۋاپىق چىقىم تەڭشەلدى. كۆپ تارقىتىلغان، يالغان مەلۇم قىلىنغان 100 مىڭ يۈەنگە يېقىن خىراجەت قايتۇرۇۋېلىندى. 7 ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرىنىڭ خىراجىتىدىن 600 مىڭ يۈەن كېمەيتىلدى. قىسىملار 100 پاختىلىق چېدىر، 2 سەھىيە رەڭلىك نىقاب چېدىرى، 500 دانە يىغما كارىۋات، 10 دانە يۇمشاق ئىدىش بىلەن تەمىنلەندى. 720 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىنىپ، 170 ئوق ئىشكاپى، 100 تىرىۋۇگا ئەسۋابى سېتىۋېلىندى. ئاساسىي قاتلاملاردىكى ۋەزىپە ئىجرا قىلىش نۇقتىلىرىنىڭ قورالخانىلىرى ۋە ئوق ـ دورا ئامبارلىرىنىڭ مۇداپىئە تورى ئورنىتىلىپ ۋە چىڭىتىلىپ، بارلىق قورالخانىلارنىڭ مۇداپىئە ئەسلىھەلىرى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. 6 تارماق ئەترەتنىڭ سەھىيە ئەترىتىگە 200MAX لىق ئېلېكترو ماشىنا ۋە ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك، ئىمپورت قىلىنغان B تىپلىق ئۇلترا ئاۋازلىق تەكشۈرۈش ئاپپاراتى شۇنداقلا چىش بۆلۈمى ئۇنىۋېرسال داۋالاش ئۈسكۈنىسى سەپلەپ بېرىلدى. 1 مىليون يۈەنگە يېقىن مەبلەغ سېلىنىپ، 2 تارماق ئەترەت، 6 چوڭ ئەترەت، 100 ئوتتۇرا ئەترەتكە 25 خىل، 150 دانە داۋالاش سايمىنى، 60 نەچچە خىل دورا ئېلىپ بېرىلدى. پىلانلىق تۇغۇتنىڭ 6 نىسبىتى %100 كە يەتتى. ئاشپەزلەر كۇرسىدىن 8 قارار ئېچىلىپ، 179 ئاشپەز تەربىيىلەندى. ئوتتۇرا ئەترەتلەر لاۋازىمات باشلىقلىرى كۇرسىدىن 11 قارار ئېچىلىپ، 203 كىشى تەربىيىلەندى. قورال ـ ياراغ كەسپىي كادىرلىرى كۇرسىدىن بىر قارار ئېچىلىپ، 15 كىشى تەربىيىلەندى. قورال ـ ياراغ خادىملىرى، ئامبارچىلار كۇرسىدىن 6 قارار ئېچىلىپ، 238 كىشى تەربىيىلەندى. ئاپتوموبىل باشقۇرۇش كادىرلىرى كۇرسىدىن بىر قارار ئېچىلىپ، 39 كىشى تەربىيىلەندى. شوپۇرلار كۇرسىدىن بىر قارار ئېچىلىپ، 109 كىشى تەربىيىلەندى.

كاڭ يۇڭشەن

## قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇش ـ ئىللىقلىق يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى

1999 ـ يىلى قوراللىق ساقچى قىسىملىرى شىنجاڭ بىڭتۈەن قوماندانلىق شتابى 3 مىليون يۈەن مەبلەغ تەييارلاپ، قوراللىق ساقچى قىسىملىرى باش شتابى 15 مىليون يۈەن ئاجرىتىپ، بىڭتۈەن 16 مىليون 900 مىڭ يۈەن مەبلەغ چىقىرىپ، قىسىملارنىڭ تۇرمۇش ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىغا ئىشلەتتى. يېڭىدىن 30 يەردە ۋەزىپە ئىجرا قىلىش نۇقتىسى قۇرۇلدى، 46 ۋەزىپە ئىجرا قىلىش نۇقتىسىغا كۆلىمى 32 مىڭ 192 كۋادرات مېتىرلىق گازارما سېلىپ بېرىلدى. 2 ـ، 3 ـ، 5 ـ، 6 ـ تارماق ئەترەتلەرگە ئورگان ئىشخانا بىناسى سېلىپ بېرىلدى، بىۋاسىتە قاراشلىق ئەترەتكە 17 مىڭ 945 كۋادرات مېتىرلىق گازارما سېلىپ بېرىلدى، ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىغا 96 يۈرۈش ئىسسىنىش ئۈسكۈنىسى، 78 سۇ تازىلاش ئەسۋابى ئېلىپ بېرىلدى. 300 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىنىپ ئاساسىي قاتلام ئوتتۇرا ئەترەتلىرى ۋە ۋەزىپە ئىجرا قىلىش نۇقتىلىرىغا پارتا ـ ئورۇندۇق، كىيىم ئىشكاپى، كارىۋات قاتارلىق لازىمەتلىكلەر سەپلەپ بېرىلدى. بىڭتۈەن قوماندانلىق شتابى ئارقا سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى فېڭ دېڭ، 1 ـ تارماق ئەترەتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لى شىنشى، 6 ـ تارماق ئەترەتنىڭ باشلىقى چېن ۋېيلار قوراللىق ساقچى قىسىملىرى باش شتابى تەرىپىدىن چەت، يىراق جايلاردىكى قىسىملارنىڭ ئالاھىدە قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس دەپ باھالاندى.

كاڭ يۇڭشەن

## يېزا ئىگىلىك ـ قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىشى

1999 ـ يىلى قوراللىق ساقچى قىسىملىرى شىنجاڭ بىڭتۈەن قوماندانلىق شتابى «كۆكتاق قۇرۇلۇشى» نى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتتى، دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا 53.3 گېكتار بوزيەر ئېچىلدى، يېڭىدىن 2 لاپاس ياسالدى. ئاساسىي قاتلام قىسىملىرىغا يېڭىدىن 81 كۆكتات لاپىسى، 78 ئىسسىق

چوشقا قوتىنى، 70 كۆكتات كەمىسى سېلىپ بېرىلدى. تارىم يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە شىخەنزە كۆكتاتچىلىق تەتقىقات ئورنىغا تايىنىپ، ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىغا 86 تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق تېخنىكا تايانچىسىدىن 86 نى يېتىشتۈرۈپ بېرىلدى، %63.7 ئوتتۇرا ئەترەتتە بىردىن دەرىجىلىك ئاشپەز، ھەر بىر قوشۇمچە يېمەكلىك بازىسىدا 3 تىن باقمىچىلىق تېخنىك خادىمى بار بولدى. شۇ يىلى قىسىملار 166.5 تونна ئاشلىق، پاختا، ماي، 21 توننا مېۋە - چېۋە، 1580 توننا كۆكتات ئالدى؛ 2120 چوشقا، 1291 قوي قوتاندىن چىقتى. 250 توننا گۆش، بېلىق، تۇخۇم ئېلىندى. يېزا ئىگىلىك - قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىشىدىن 3 مىليون 770 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىنىپ، ئۇنىڭ 2 مىليون 370 مىڭ يۈەنى بىۋاسىتە جەڭچىلەرنىڭ تاماق راسخوتىغا قوشۇمچە قىلىندى. يازدا %90 ئوتتۇرا ئەترەت، قىشتا %40 ئوتتۇرا ئەترەت گۆش، كۆكتاتتا ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەشنى ئىشقا ئاشۇردى.

كاڭ يۇڭشەن

## «شىنجىيى لوڭقىسى» ئەركىن مۇشتلىشىش مۇسابىقىسىدە مۇكاپاتلىنىش ئەھۋالى

قوراللىق ساقچى قىسىملىرى شىنجاڭ بىڭتۈەن قوماندانلىق شتابى ئاللاپ ئەۋەتكەن ماھىرلار تۈنجى قېتىم 1999 - يىل 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنىڭ 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك «شىنجىيى لوڭقىسى» ئەركىن مۇشتلىشىش مۇسابىقىسىگە قاتناشتى. 30 كوماندا، 168 كوماندا ئەزاسى ئىچىدە بىڭتۈەن قوماندانلىق شتابى كوماندىسىدىن ۋاڭ ۋېنجۇن 52 كىلوگراملىقلار بويىچە 4 -، فاڭ شۇ 85 كىلوگراملىقلار بويىچە 5 -، جۇ خۇايۇڭ 70 كىلوگراملىقلار بويىچە 6 -، جاۋ بىڭجيې 80 كىلوگراملىقلار بويىچە 7 -، جاڭ جاۋچۈەن 85 كىلوگراملىقلار بويىچە 7 - بولدى ھەمدە كوللېكتىپ 8 - لىك قولغا كەلتۈرۈلدى. بۇنىڭ بىلەن بۇ كوماندا غەربىي شىمالدىكى ئۆلكە - ئاپتونوم رايونلار قوراللىق ساقچى قىسىملىرى ئىچىدە كوللېكتىپ ئالدىنقى 8 - لىككە كىرگەن بىردىنبىر كوماندا بولۇپ قالدى. بىڭتۈەن قوماندانلىق شتابى پارتكومى ۋاڭ ۋېنچۈن، فاڭ شۇلارغا بىر قېتىمدىن 2 - دەرىجىلىك تۆھپە يازدى.

كاڭ يۇڭشەن

## «توغراقلار زېمىننى قىزىللىققا پۈركىدى» مۇكاپاتلاندى

قوراللىق ساقچى قىسىملىرى باش شتابى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن 1999 - يىل 10 - ئايدا ئۆتكۈزگەن ئەدەبىيات - سەنئەت سىن فىلىملىرى كۆرىكى پائالىيىتىدە بىڭتۈەن قوماندانلىق شتابىنىڭ چوڭ ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى «توغراقلار زېمىننى قىزىللىققا پۈركىدى» نىڭ سىن فىلىمى «مۇنەۋۋەر نەتىجە مۇكاپاتى» ۋە «مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى.

كاڭ يۇڭشەن

# قوراللىق ساقچى قىسىملىرى قاتناش 2 - باش ئەترىتى

## قوراللىق ساقچى قىسىملىرى قاتناش 2 - باش ئەترىتى رەھبەرلىرىنىڭ ئىسىملىكى

باش ئەترەت باشلىقى: جۇ دىباۋ (داشياۋ).

سىياسىي كومىسسار: ۋاڭ جىڭۋاڭ (داشياۋ).

مۇئاۋىن باش ئەترەت باشلىقلىرى: لى جىنيې (داشياۋ، 9 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، خو خەنشىڭ (داشياۋ)، شۇ ماۋ (داشياۋ).

مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: گو يىڭ (داشياۋ)، جاڭ جېن (داشياۋ).

باش ئىنژېنېر: ما سەنشەن (داشياۋ).

## قىسىمنىڭ تەۋەلىك مۇناسىۋىتىدىكى ئۆزگىرىش

قوراللىق ساقچى قىسىملىرى قاتناش 2 - باش ئەترىتى ھەربىيلىشىش، كارخانىلىشىش بىر گەۋدە قىلىنغان، مۇھىم دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشلىرىنى قىلىشنى ئۈستىگە ئالغان قۇرۇلۇش قىسمى بولۇپ، قوراللىق ساقچى قىسىملىرى تەرتىپىگە كىرگۈزۈلگەن، گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ قوش رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئاساسلىقى دۆلەت ۋە ئۆلكە - ئاپتونوم رايونلارنىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلىرىنى قىلىدۇ ھەمدە دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشتىن ئىبارەت قوش ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان.

ھەرقايسى تۈردىكى ساقچى قىسىملىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك قۇرۇلۇشىنى ۋە مەركەزلەشكەن بىر تۇتاش رەھبەرلىكىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، دۆلەت تاپشۇرغان تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنداش ئۈچۈن گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت 1999 - يىل 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى بىرلىكتە ھۆججەت تارقىتىپ، ھەرقايسى تۈردىكى ساقچى قىسىملىرىنىڭ رەھبەرلىك - باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى تەڭشىدى.

قاتناش قىسىملىرى قوراللىق ساقچى قىسىملىرى باش

شتابىنىڭ بىرتۇتاش باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى؛ قاتناش مىنىستىرلىكى ۋەزىپە تەقسىملەش، كەسپىي جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىشقا مەسئۇل بولىدىغان بولدى؛ قاتناش قىسىملىرى دۆلەتنىڭ چوڭ - چوڭ قۇرۇلۇشى، چەت - يىراق چاپالىق رايونلاردىكى دۆلەت - چېگرا مۇداپىئە تاشيوللىرىنى ئاسراش ۋە راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش، چوڭ دەريالارنى تۇزەش قاتارلىق سوچىلىق ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ۋە خەتەرلىك، قىيىن بۆلەكلەر، مۇھىم جايلارنىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش - خەتەردىن قۇتقۇزۇش ۋەزىپىلىرىنى ئۈستىگە ئالىدىغان بولدى، بۇندىن باشقا يەنە دۆلەت تاپشۇرغان ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش ۋە ئاسادىيي ۋەقەلەرنى بىرتەرەپ قىلىش ۋەزىپىسىنى قانۇن بويىچە ئىجرا قىلىدىغان بولدى. 1999 - يىل 2 - ئايدىن باشلاپ قوراللىق ساقچى قىسىملىرى قاتناش 2 - باش ئەترىتى يېڭى رەھبەرلىك - باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى يولغا قويدى. يىل ئاخىرىغا كەلگەندە، باش ئەترەت ج خ مىنىستىرلىكى، قاتناش مىنىستىرلىكىنىڭ رەھبەرلىكىدىن قوراللىق ساقچى قىسىملىرى باش شتابىنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈلمىسىگە ئۆتتى.

بىر يىلدىن بۇيان قىسىملارنىڭ مۇنتىزىملىشىش قۇرۇلۇشى كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلىدى ۋە يۇقىرى ئۆرلىدى، ئىستىلى ياخشىلىنىپ، ئىنتىزامى كۈچەيدى. بىخەتەرلىك خىزمىتىدە دەرىجىلىك ھادىسە تۇغدۇرماسلىق نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يۇقىرىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

لى يۇەنفېڭ

## قۇرۇلۇش ۋەزىپىسى

1999 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىملىرى قاتناش 2 - باش ئەترىتىگە قاراشلىق 7 تارماق ئەترەت (تارماق ئەترەت دەرىجىلىك قوماندانلىق ئورنىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) مەملىكىتىمىزدىكى 18 ئۆلكە - ئاپتونوم رايونغا تارقىلىپ، سانائەت، ئېنېرگىيە، قاتناش، خەلق بىناكارلىق قۇرۇلۇشى قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنى ھۆددىگە ئالدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر باش ئەترەت ئورۇندىغان قۇرۇلۇش مىقدارى مۇنداق: قېزىلغان تاش - تۇپا 34 مىليون كۇب مېتىر؛ ئىماتە قۇرۇلۇشى 637 مىڭ 396 كۇب مېتىر، ياسالغان ئاسفالت يول 275 كىلومېتىر؛ سۇ ئۆتكۈچ 1115، ئۆزۈنلۇقى 25 مىڭ 774 مېتىر؛ كۆۋرۈك 216، ئۆزۈنلۇقى 8419 مېتىر؛ پۈتكەن تونېل 6، ئۆزۈنلۇقى 5374 مېتىر؛ ئورۇندالغان قۇرۇلۇش مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 53 مىليون 780 مىڭ يۈەن.

4 - تارماق ئەترەت ئورۇندىغان ۋەزىپە: قازغان تاش - تۇپا 5 مىليون 221 مىڭ كۇب مېتىر، ئىماتە قۇرۇلۇشى 42 مىڭ 160 كۇب مېتىر، ياسىغان ئاسفالت يول 147 كىلومېتىر، سۇ ئۆتكۈچ 358، ئۆزۈنلۇقى 6462 مېتىر؛ كۆۋرۈك 65، ئۆزۈنلۇقى 2031 مېتىر؛ ئورۇندالغان قۇرۇلۇش مەھسۇلات قىممىتى 123 مىليون 850 مىڭ يۈەن.

5 - تارماق ئەترەت ئورۇندىغان ۋەزىپە: قازغان تاش - تۇپا 1 مىليون 456 مىڭ كۇب مېتىر، ئىماتە قۇرۇلۇشى 36 مىڭ 45 كۇب مېتىر، ياسىغان ئاسفالت يول 45 كىلومېتىر، سۇ ئۆتكۈچ 57، ئۆزۈنلۇقى 1187 مېتىر؛ كۆۋرۈك 16، ئۆزۈنلۇقى 1084 مېتىر؛ پۈتكەن تونېل 4، ئۆزۈنلۇقى 2963 مېتىر؛ ئورۇندالغان قۇرۇلۇش مەھسۇلات قىممىتى 134 مىليون 990 مىڭ يۈەن.

6 - تارماق ئەترەت ئورۇندىغان ۋەزىپە: قازغان تاش - تۇپا 9 مىليون 17 مىڭ كۇب مېتىر، ئىماتە قۇرۇلۇشى 116 مىڭ 192 كۇب مېتىر، ياسىغان ئاسفالت يول 3 .60 كىلومېتىر، سۇ ئۆتكۈچ 323، ئۆزۈنلۇقى 8269 مېتىر؛ كۆۋرۈك 71، ئۆزۈنلۇقى 2414 مېتىر؛ ئورۇندالغان قۇرۇلۇش مەھسۇلات قىممىتى 257 مىليون 270 مىڭ يۈەن.

7 - تارماق ئەترەت ئورۇندىغان ۋەزىپە: قازغان تاش - تۇپا 10 مىليون 900 مىڭ كۇب مېتىر، ئىماتە قۇرۇلۇشى 376 مىڭ 531 كۇب مېتىر، ياسىغان سۇ ئۆتكۈچ 268، ئۆزۈنلۇقى 7023 مېتىر؛ كۆۋرۈك 49، ئۆزۈنلۇقى 2182 مېتىر؛ پۈتكەن تونېل بىر، ئۆزۈنلۇقى 1553 مېتىر؛ ئورۇندالغان قۇرۇلۇش مەھسۇلات قىممىتى 228 مىليون 420 مىڭ يۈەن.

پورت قۇرۇلۇشى قوماندانلىق ئورنى ئورۇندىغان ۋەزىپە: قازغان تاش - تۇپا 3 مىليون 782 مىڭ كۇب مېتىر، ئىماتە قۇرۇلۇشى 15 مىڭ 884 كۇب مېتىر، ياسىغان سۇ ئۆتكۈچ 80، ئۆزۈنلۇقى 2112 مېتىر؛ كۆۋرۈك 6، ئۆزۈنلۇقى 165 مېتىر؛ پۈتكەن تونېل بىر، ئۆزۈنلۇقى 858 مېتىر؛ ئورۇندالغان قۇرۇلۇش مەھسۇلات قىممىتى 109 مىليون 470 مىڭ يۈەن.

شىنجاڭ - شىزاڭ تاشيولى قوماندانلىق ئورنى ئورۇندىغان ۋەزىپە: قازغان تاش - تۇپا 1 مىليون 896 مىڭ كۇب مېتىر، ئىماتە قۇرۇلۇشى 50 مىڭ 584 كۇب مېتىر، ياسىغان ئاسفالت يول 7 .22 كىلومېتىر، سۇ ئۆتكۈچ 29، ئۆزۈنلۇقى 721 مېتىر؛ كۆۋرۈك 9، ئۆزۈنلۇقى 543 مېتىر؛ ئورۇندالغان قۇرۇلۇش مەھسۇلات قىممىتى 140 مىليون 260 مىڭ يۈەن.

باش ئەترەت قۇرۇلۇش بۆلۈمى قازغان تۇپا - تاش 1 مىليون 728 مىڭ كۇب مېتىر، ئورۇندىغان مەھسۇلات قىممىتى 59 مىليون 520 مىڭ يۈەن.

ياڭ خولىن، ۋۇ جېڭگۇاڭ

## ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشى

1999 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىملىرى قاتناش 2 - باش ئەترىتى «ئارمىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇش

پروگراممىسى» دىن 3000 نى بېسىپ ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىنىڭ ئۆگىنىشتە پايدىلىنىشىغا تارقىتىپ بەردى. قۇرۇقلۇق ساقچى قىسىملىرى بېيجىڭ باش ئەترىتىنىڭ 6 - تارماق ئەترىتى ۋە يۈننەن باش ئەترىتىنىڭ دېھوڭ ئوبلاستلىق تارماق ئەترىتىنىڭ «پروگرامما» نى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىش بىلەن بىرگە باش ئەترەت بويىچە 6 - تارماق ئەترەتنىڭ ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىنى تۇتۇش تەجرىبىلىرىنى كېڭەيتىپ، «ئۈچ ئۆزئارا» پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇردى. 5 - تارماق ئەترەتنىڭ 7 - ئوتتۇرا ئەترىتى، 6 - تارماق ئەترەتنىڭ 8 - ئوتتۇرا ئەترىتى، 7 - تارماق ئەترەتنىڭ 3 - ئوتتۇرا ئەترىتى قۇرۇقلۇق ساقچى قىسىملىرى قاتناش قوماندانلىق شتابى تەرىپىدىن «ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىدىكى ئۈلگە ئوتتۇرا ئەترەت» قىلىپ تىكلەندى. 16 ئوتتۇرا ئەترەت ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ئوتتۇرا ئەترەت، 800 نەچچە جەڭچى «مۇنەۋۋەر ئەسكەر» بولۇپ باھالاندى. 1999 - يىلى باش ئەترەت 1 مىليارد يۈەندىن ئارتۇق مەھسۇلات قىممىتى يارىتىپ، 40 مىليون يۈەندىن كۆپرەك پايدا ئالدى. ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلغان 15 قۇرۇلۇش تۈرىنىڭ ھەممىسىنىڭ سۈپىتى ئەلا بولدى.

لىن جيەنچياڭ

## مەشىق ۋە ۋەزىپە ئىجرا قىلىش

1999 - يىلى قۇرۇقلۇق ساقچى قىسىملىرى قاتناش 2 - باش ئەترىتى قۇرۇلۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغاندىن سىرت ئۆزى تۇرۇشلۇق جايدىكى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتلەر ئۆتكۈزگەن ھەرخىل مۇراسىم پائالىيەتلىرىدە 15 قېتىم ۋاقىتلىق ۋەزىپە ئىجرا قىلدى، بۇنىڭغا 1800 ئادەم (قېتىم) ئاجراتتى.

ۋاڭ چياڭيى، جياڭ جىنشۈي

## ئارقا سەپ كاپالىتى

1999 - يىلى قۇرۇقلۇق ساقچى قىسىملىرى قاتناش 2 - باش ئەترىتى يېڭى تۈزۈلمىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن مالىيە، ئۆي - زېمىن، يوتقان - كۆرپە - جابدۇق بىلەن تەمىنلەش قاتارلىق كەسپىي باشقۇرۇش مۇناسىۋەتلىرىنى راۋانلاشتۇردى، قۇرۇقلۇق ساقچى قىسىملىرى باش شتابىنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىگە ئوڭۇشلۇق ئۆتتى. مالىيە تۈزۈمىنى ۋە مەبلەغ باشقۇرۇشنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈردى، بوغالتىر ئەۋەتىش ۋە پۇل ئىشلىتىش ئەھۋالىنى دوكلات قىلىش تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈردى، قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ تەننەرخىنى باشقۇرۇش چارىسىنى يولغا قويدى. قىسىمدا مەبلەغ كەمچىل بولۇۋاتقان ئەھۋالدا، ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىغا ھەرخىل بانكا كاپالەت خېتىدىن 79 نى بېجىرىپ بېرىپ، قىسىملارنىڭ خېرىدار چىقىش ۋەزىپىسىنىڭ ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلدى، 3 ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ قىسىملارنىڭ مۈلكىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ، قىسىملارنىڭ «تەكتى» نى ئېنىقلىدى. قورال - جابدۇقلارنى باشقۇرۇش، ئىشلىتىش، ئاسراش، رېمونت قىلىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قورال - جابدۇق، ماددىي ئەشيا باشقۇرۇشنى يەنىمۇ ئىلمىيلاشتۇردى. ئاپتوموبىل ۋە شوپۇرلارنىڭ 1400 نۇسخا تېخنىكا ئارخىپىنى تولۇقلىدى. 99 - يىللىق ئاپتوموبىل نومۇر تاختىلىرىنى سىبلىشتۇرۇپ تارقىتىش خىزمىتىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ باردى.

مەسئۇل بولغان تىجارەتنىڭ يىللىق ھۆددىگەرلىك كۆرسەتكۈچىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى تاماملاندى. ھەربىي ئورۇنلارنىڭ «ئۈچ ئىشلەپچىقىرىش» سودا تىجارىتىنى توختاتقاندىن كېيىنكى مالىيە ئەھۋالى ۋە كارخانىلار قۇرۇلغاندىن بۇيانقى تىجارەت - كىرىم ئەھۋالى ئۈستىدە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىنىپ، 18 نۇسخا تەپتىشلىك دوكلاتى يېزىپ چىقىلدى. تەپتىش قىلىنغان ئورۇنلارنىڭ قىسمەن يالغان، خاتا ھېساباتلىرى تۈزىتىلدى ۋە تەڭشەلدى.

60 نەچچە مىڭ قۇر كىيىم - كېچەك تارقىتىلدى. ئۆي ئىسلاھاتى خىزمىتى باشلىنىپ ھەر بىر كادىر ئۈچۈن تۇرالغۇ ئۆي ئارخىپى تۇرغۇزۇلدى. بىر يىلدا 1300 توننا ئاشلىق، يەم - خەشەك ئېلىندى. 12 ئىلغار ئاشخانا باھالاپ چىقىلدى. بارلىق ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنىڭ سالامەتلىكى قەرەللىك تەكشۈرۈلدى، تەكشۈرۈلگەنلەر نىسبىتى %95 بولدى.

ئارقا سەپ كەسپىي كادىرىدىن 80 ى، ئاشپەز، سانىتار، شوپۇر قاتارلىق تۈرلۈك كەسپىي ئەسكەردىن 600 نەچچىسى تەربىيىلەندى.

دىڭ جيەنشىن

## ئاممىۋى خىزمەت

1999 - يىلى قۇرۇقلۇق ساقچى قىسىملىرى قاتناش 2 - باش ئەترىتى بويىچە ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش - خەلقنى سۆيۈش تەشكىلاتىدىن 12 سى بار بولدى. 65 قۇرۇلۇش تۈر بۆلۈمى، 87 ليەندۈيدە ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش خەلقنى سۆيۈش پائالىيىتى گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. «قۇرۇقلۇق ساقچى قىسىملىرى قاتناش 2 - باش ئەترىتىنىڭ ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش - خەلقنى سۆيۈش ئەھدىنامىسى» تۈزۈپ چىقىلدى. ساقچى قىسىم - خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلغان ئورۇن 32 بولۇپ، ئاساسلىقى قاتناش ئورۇنلىرى ۋە مەكتەپلەر ھەربىي مەشىق خادىمىدىن 50 ئادەم (قېتىم) ئاجرىتىلىپ، 1500 ئوقۇغۇچى ھەربىي مەشىق قىلدۇرۇلدى. 5 - تارماق ئەترەتنىڭ يىچاڭ قوماندانلىق ئورنى شۇ جايدىكى

كۆچمەنلەر مەكتىپى تەرىپىدىن ئەخلاقىي تەربىيە بازىسى قىلىپ بەلگىلەندى. مۇشۇ يىلدا باش ئەترەت بويىچە 180 مىڭ يۈەن پۇل ئىئانە قىلىندى، ئىئانە قىلىنغان ماددىي بۇيۇملارنىڭ قىممىتى خەلق پۇلىغا سۇندۇرۇلسا 100 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ. قىسىملار تۇرۇشلۇق جايلارغا 5 كىلومېتىر كەلگۈن ئاققۇزۇش ئېرىقى چېپىپ بېرىلدى، 10 كىلومېتىر ئېرىق راۋانلاشتۇرۇلدى، 18 كىلومېتىر شېغىل يول ياساپ بېرىلدى. خېيىمخەتەر ۋە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا 500 ئادەم (قېتىم)، 120 ئاپتوموبىل (قېتىم) ئاجرىتىلدى. يۇرت قورۇلۇشى قوماندانلىق ئورنىنىڭ 2 نۆۋەتچى جەڭچىسى داۋالاۋېتىپ يۇرتىدىن ئوغرىلىقچە قاچماقچى بولغان 70 يولۇچىنى توسۇپ قالدى.

لى خۇڭبىڭ

## قوراللىق ساقچى قىسىملىرى شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى

### قوراللىق ساقچى قىسىملىرى شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى رەھبەرلىرىنىڭ ئىسىملىكى

باش ئەترەت باشلىقى: سۈن چۈەنلىيۇ (داشياۋ).

سىياسىي كومىسسار: لى چاڭشۈي (داشياۋ).

مۇئاۋىن باش ئەترەت باشلىقلىرى: قادىر ئاۋۇت (داشياۋ)، جاۋ شىجۇڭ (داشياۋ)، لى فىڭخەي (داشياۋ)، ليۇ شۈيىن (داشياۋ).

مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار: لى تەييۈن (داشياۋ).

### چېگرىنى باشقۇرۇش

1999 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىملىرى شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى چېگرا باشقۇرۇش خىزمىتىدە مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ شىنجاڭغا يوشۇرۇن كىرىش - چىقىشى ۋە ئوغرىلىقچە قورال يۆتكىشىنى توسۇش ۋە تەكشۈرۈشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، چېگرا بويلىرىنى تىزگىنلەش خىزمىتىنى ۋە باشقۇرۇش رايونىنىڭ ئاساسىي قاتلام ئاساس خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، قورالغا، زەھەرگە چېتىشلىق دېلولارنى پائال تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، ئەتكەسچىلىك جىنايەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىپ، بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى ۋاقتىدا توسۇپ، چېگرا رايونلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. مۇشۇ يىلدا چېگرا باشقۇرۇش رايونىدا 649 جىنايى ئىشلار دېلوسى يۈز بەردى، بۇنىڭ 521 ى پاش قىلىندى، پاش قىلىنىش نىسبىتى %81 بولدى. ئامانلىق ساقلاش دېلوسىدىن 1261 ى قوبۇل قىلىنىپ، 1142 سى بىر تەرەپ قىلىندى، بىر تەرەپ قىلىنىش نىسبىتى %90.6 بولدى. ئەتكەسچىلىك دېلوسىدىن 4 ى بىر تەرەپ قىلىندى، قىممىتى 800 مىڭ يۈەندىن ئاشىدۇ.

مۇشۇ يىلدا چېگرىنىڭ 1 - لىنىيىسىدە 58 ۋەزىپە ئىجرا قىلىش نۇقتىسى تەسىس قىلىنىپ، چېگرىدىكى باشقۇرۇش رايونىغا كىرگەن - چىققانلاردىن 2 مىليون 280 مىڭ ئادەم (قېتىم)، كىرگەن - چىققان ئاپتوموبىلدىن 350 مىڭ ئاپتوموبىل (قېتىم) تەكشۈرۈلدى، كىنىشكىسى يوقلار ياكى كىنىشكىسى ئۆيغۇن كەلمەيدىغانلاردىن 232 مىڭ 695 ئادەم (قېتىم) تەكشۈرۈپ تېپىلدى، مىللىي بۆلگۈنچىدىن 5 كىشى قولغا چۈشۈرۈلدى. 566 قېتىم تاغ تازىلاش ئېلىپ بېرىلىپ، كىنىشكىسى يوقلاردىن 19 مىڭ 800 نەچچە ئادەم ئېنىقلاندى. چېگرىدىن ئۆتۈشكە ئۇرۇنغانلاردىن 194 قېتىمدا 438 كىشى توسۇپ قېلىندى، چېگرىدىن قانۇنسىز ئۆتكەنلەردىن 37 قېتىمدىكى 56 كىشىنى قارشى تەرەپ ئاشكارا قايتۇرۇپ بەردى.

ياڭ چياڭۋا

### چېگرا رايونلاردىكى مەركەزلىك تۈزەش

1999 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىملىرى شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى چېگرا رايونلاردا مەركەزلىك تۈزەش مەخسۇس كۈرىشنى قانات يايدۇرۇپ، غوللۇق مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار، زوراۋان - تېررورچىلار، چېكىدىن ئاشقان دىنىي ئۇنسۇرلارغا قارىتا قاتتىق بېسىم ھالىتىدە تۇرۇپ، قورالغا، پارتلىتىش بۇيۇمىغا، زەھەرگە چېتىشلىق دېلولارنى قەتئىي بىر تەرەپ قىلىپ، تۈرلۈك قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش جىنايى ھەرىكەتلىرىنىڭ چېگرا رايونلاردا يامراپ كېتىشىنى چەكلەپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. بىر يىلدا قېچىپ يۈرگەن جىنايەتچىدىن 49 نى تۇتتى. مىللىي بۆلگۈنچىلىك دېلوسىدىن 6 نى پاش قىلدى، 64 جىنايەت گۇماندارىنى، بىر ئىشپىيوننى تۇتتى. يوشۇرۇن دىنىي ئوقۇتۇش نۇقتىسى ۋە جانبازلىق مەشىق نۇقتىسىدىن 37 نى، 420 گۇماندارنى قولغا چۈشۈردى؛ قانۇنسىز تەشكىلات — «يۇقرالار پارتىيىسى» گە ئائىت بىر دېلونى پاش قىلىپ، دېلوغا چېتىشلىق گۇمانداردىن 24 نى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى؛ مىللىي بۆلگۈنچىلىك شايكىسىنىڭ 14 ئادەمگە چېتىشلىق چەتكە قېچىشقا ئۇرۇنۇش دېلوسىدىن 2 نى پاش قىلدى؛ دۆلەت ھالقىغان ئوغرىلىق دېلوسىدىن 15 نى پاش قىلدى؛ قورالغا چېتىلىدىغان 131 كىشىگە مۇناسىۋەتلىك 91

دېلونى، زەھەرگە چېتىلىدىغان، 14 كىشىگە مۇناسىۋەتلىك 13 دېلونى پاش قىلدى، ھەرخىل قورال - ياراغدىن 159 (ھەربىي سىلتىق 3)، 668 پاي ئوق، 23 تال گرانات، 2 دانە قول بومبىسى، 1696 كىلوگرام پارتلاتقۇچ دورا، 1012 دانە كاپسۇل، 705 مېتىر پىلتىنى ئېنىقلاپ يۇقىرىغا تاپشۇردى. 301 گرام خروئىن، 46.3 گرام ئەپيۇن، 16 كىلوگرام نەشىنى يىغىۋالدى، 1872 تۈپ ئەپيۇن گۈلى، 5319 تۈپ كەندىرنى يۇلۇپ تاشلىدى.

ياڭ چياڭۋا

## چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈشى

1999 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىملىرى شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتىنىڭ ھەرقايسى پورتلاردىكى چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش پونكىتلىرى چېگرىدىن كىرگەن - چىققان 478 مىڭ 804 ئادەم (قېتىم) نى، 93 مىڭ 347 قاتناش - ترانسپورت قورالى (قېتىم) نى تەكشۈرۈپ، ئوغرىلىقچە ئۆتكەنلەردىن 169 ئادەم (قېتىم) (بۇنىڭ ئىچىدە سىللىي بۆلگۈنچى 28 ئادەم (قېتىم)) نى تۇتتى؛ تىزگىنلەش ئوبيېكتىدىن 48 ئادەم (قېتىم) نى تۇتتى؛ چېگرىدىن كىرىش - چىقىشنى باشقۇرۇشقا دائىر قانۇن - نىزاملارغا خىلاپلىق قىلغانلاردىن 954 ئادەم (قېتىم) نى ئېنىقلاپ، 5 تال قورال، 405 پاي ئوقنى قولغا چۈشۈردى. ئەتراپتىكى دۆلەتلەرنىڭ چېگرا مۇداپىئە (كۆچمەنلەر) ئاپپاراتلىرى بىلەن 21 قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزدى، 208 قېتىم ئۇچراشتى. 6 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئالاتاۋ چېگرا مۇداپىئە پونكىتى چېگرىدىن ئوغرىلىقچە ئۆتۈشكە ئۇرۇنغان 5 كىشىنى تۇتۇۋالدى، ئۇلار بۇنى بوسۇش ئېغىزى قىلىپ بېيجىڭ، شىنجاڭ، جېجياڭلارغا چېتىلىدىغان پەۋقۇلئاددە زور ئوغرىلىقچە ئۆتۈش شايكىسى دېلوسىنى پاش قىلىپ، ئوغرىلىقچە ئۆتۈشنىڭ «باشلامچى» لىرىدىن 7 نى، ئوغرىلىقچە ئۆتكۈچىلەردىن 34 نى قولغا چۈشۈردى.

ياڭ چياڭۋا

## قانۇننى ئىجرا قىلىش خىزمىتى

1999 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىملىرى شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى باش ئەترەت تۈزگەن «ئۈچ يىللىق قانۇن ئىجرا قىلىش پىلانى» نى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈردى. قانۇن ئىجرا قىلىش - دېلو بېجىرىش بويىچە 12 قارار كۇرس ئېچىپ، 650 ئادەمنى تەربىيىلىدى. «شىنجاڭنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى قانۇنچىلىقى»، «مەمۇرىي جەھەتتىن قايتا قاراپ چىقىش قانۇنى» قاتارلىق 900 نەچچە قانۇن - نىزام كىتابىنى سېتىۋېلىپ تۆۋەنگە تارقىتىپ بەردى. شىنجاڭ بويىچە 62 ئاساسىي قاتلام ئورۇندىكى قانۇن ئىجرا قىلغۇچى 602 كادىردىن ئاربلاپ ئىمتىھان ئالدى. 1436 مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش كىنىشكىسىنى تەكشۈرۈپ، 147 كىنىشكىنى قايتۇرۇۋالدى. مۇشۇ بىر يىلدا بىرەر قېتىممۇ قىيناش، قىستاپ ئىقرار قىلدۇرۇش ۋە دەۋادا يېڭىلىش دېلوسى سادىر بولمىدى.

ياڭ چياڭۋا

## باشقۇرۇش - تەلىم - تەربىيە

1999 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىملىرى شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى ئۇستاب ۋە نىزامنى ئاساس قىلىپ، ھەربىي تەلىم - تەربىيىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، قىسىملاردا جەڭگىۋارلىقنىڭ ھاسىل بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. 4 — 6 - ئايلاردا چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتىنىڭ باشلىقلىرى، ھەرقايسى تارماق ئەترەت (پونكىت) لەرنىڭ باشلىقلىرى، مەشىق مەنمۇلىرى، ئورگاندىكى نۇقتىلىق باشقارما - بۆلۈملەرنىڭ باشلىقلىرىنى قاتناشتۇرۇپ، تاسادىپىي ۋەقەلەرنى بىرتەرەپ قىلىش كۇرسى ئاچتى. «تۆتنى بىلىدىغان» ئۆگەتكۈچىلەرنى ئوقۇتۇش يۈزىسىدىن بىر قارار يىغىپ تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، قىسىملارغا سۆزلەشنى، ئىشلەشنى، ئۆگىتىشنى، ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلەشنى بىلىدىغان 49 ھەربىي ئىشلار تايانچ كادىرى تەربىيىلەپ بەردى. دەرىجىمۇ دەرىجە 30 قارار كۇرس ئېچىپ، 350 ئادەمنى تەربىيىلىدى. يېڭى ئەسكەرلەرنى تەربىيىلەش تايانچىدىن 260 نى يېتىشتۈرۈپ، 992 يېڭى ئەسكەرنى يىغىپ تەربىيىلەش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى. 1200 كونا ئەسكەر شەرەپ بىلەن قىسىمدىن چېكىندى. ئۆلچەمدە چىڭ تۇرۇش، قاتتىق سىناش ئارقىلىق 720 ئەسكەر كادىرلىققا تاللاپ، يېڭىدىن تەربىيىلەنگەن 140 شوپۇرنى تاللاپ ئۆستۈردى. 2 قارار ئۇستاب ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى. 6 - ئايدا بورتالا ئوبلاستىدا ئاساسىي قاتلامنىڭ مۇنتىزىملاشقان باشقۇرۇشى بويىچە نەق مەيدان يىغىنى ئېچىپ، قىسىملارنىڭ بىر كۈنلۈك تۇرمۇش تەرتىپى، ئىچكى ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش، كىيىنىش، ئامبار - ئىشخانا ۋە گازارمىلارنىڭ ئىشىك نومۇرى (شوئار)، رۇخسەت سوراش، نۆۋەتچىلىك، گازارما قاراۋۇللۇقى، تىزىمغا ئېلىش - ستاتىستىكىلاش قاتارلىق ئىشلىرىنى ئومۇميۈزلۈك قېلىپلاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا 3 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ئاساسىي قاتلاملارنىڭ مۇنتىزىملاشقان باشقۇرۇش مۇھىتىنى ياخشىلاشقا ئىشلەتتى. 9 - ئايدا ئاپتونوم رايوندىكى قىسىملاردا «ئىككىدىن مۇداپىئەلىنىش» نى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئىنتىزام، ئىستىل تەربىيىسى ئېلىپ باردى ۋە ئىنتىزام -

ئىستىلىنى تەرتىپكە سالدى.

ياڭ چياڭۋا

## پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى

1999 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىملىرى شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى بەنزى، قۇرۇلۇشىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، پارتكوملارغا 12 نەپەر 1 -، 2 - شۇجى، 21 نەپەر پارتكوم ئەزاسى تولۇقلىدى. 8 تارماق ئەترەت، پونكىتنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىنى تەكشۈردى. تۆت دەرىجىلىك 46 كادىرنى سىنىدى، يىگىدىن يۇقىرى 546 كادىرنى يېتەكچى ۋەزىپىگە قويدى ۋە ئۆستۈردى. 382 كىشىنىڭ ساقچى ئۇنۋانىنى ئۆستۈردى. يەرلىكتىكى ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىدىن 59 نى، كەسىپ ئالماشتۇرغان، ھەربىي سەپتىن بوشانغان كادىردىن 158 نى قوبۇل قىلدى. ئاساسىي قاتلام ئورۇنلار 301 مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى، 2690 لاياقەتلىك پارتىيە ئەزاسى، 51 ئاساسىي جەھەتتىن لاياقەتلىك پارتىيە ئەزاسىنى باھالاپ چىقتى. باش ئەترەت 39 ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى ۋە 47 مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسىنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەقدىرلىدى.

ياڭ چياڭۋا

## ئىلغارلارنى تەقدىرلەش

1999 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىملىرى شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى بويىچە 43 ئورۇن ۋە 28 شەخس ناھىيىدىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرى تەرىپىدىن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش - خەلقنى سۆيۈشتىكى ئىلغار ئورۇن ۋە ئىلغار شەخس قىلىپ باھالاندى. قۇمۇل چېگرا مۇداپىئە تارماق ئەترىتى، باي چېگرا خىزمىتى پونكىتى گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى ئۈلگىلىك ئورۇن» دەپ تەقدىرلەندى؛ قىزىلسۇ ئوبلاستلىق چېگرا مۇداپىئە تارماق ئەترىتى ئۇلۇغچات چېگرا مۇداپىئە خىزمىتى پونكىتى دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ» دەپ تەقدىرلەندى؛ قىزىلسۇ ئوبلاستى مۇجى ج خ چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىسى ج خ مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «خەلق رازى بولغان ساقچىخانا» دەپ باھالاندى؛ قورغاس چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش پونكىتىغا ج خ مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن كوللېكتىپ 2 - دەرىجىلىك تۆھپە يېزىلدى. بىر كىشى گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى ئىلغار شەخس» دەپ تەقدىرلەندى؛ بىر كىشى شىنجاڭدىكى 10 مەشھۇر باش قوغدىغۇچىنىڭ بىرى بولۇپ باھالاندى؛ 3 كىشى مەملىكەت، شىنجاڭ بويىچە مۇنەۋۋەر خەلق ساقچىسى بولۇپ باھالاندى. 3 كىشى مەملىكەت بويىچە ئېچىلغان ج خ سىستېمىسىنىڭ «قوش ئىلغارلار» نى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشتى. 83 چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىسى (پونكىت، ئوتتۇرا ئەترەت) ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. 11 ئاساسىي قاتلام ئورۇن ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىدىكى ئۈلگە ئورۇن بولۇپ باھالاندى؛ 14 كادىر ئۈلگە كادىر، 17 ئەسكەر ئۈلگە ئەسكەر بولۇپ باھالاندى؛ 470 كادىر مۇنەۋۋەر كادىر، 846 ئەسكەر مۇنەۋۋەر ئەسكەر بولۇپ باھالاندى. بىر كىشى 1 - دەرىجىلىك، 2 كىشى 2 - دەرىجىلىك، 157 كىشى 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى. 675 ئوفىتسېر - ئەسكەر مۇكاپاتلاندى.

ياڭ چياڭۋا

## ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش - خەلقنى سۆيۈش

1999 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىملىرى شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا پائال قاتناشتى، يەرلىكنىڭ 714 نۇقتىلىق ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش تۈرىگە قاتناشتى. 31 مىڭ 95 ئادەم (قېتىم)، 1638 ئاپتوموبىل (قېتىم) ئاجرىتىپ، 297 قېتىملىق خېيىمخەتەر ۋە ئاپەتتىن قۇتقۇزدى؛ ئاپەت رايونىغا 450 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك پۇل ئىئانە قىلدى. ئاقچى ناھىيىسىگە 115 مىڭ يۈەن نامراتلارنى قۇتقۇزۇش پۇلى ياردەم قىلدى. «كۆك قالقان» فوند جەمئىيىتىگە 100 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك پۇل ئىئانە قىلدى. يەرلىك ئورۇنلارنىڭ 200 نەچچە قېتىملىق ھەربىي تەلىم - تەربىيىسىگە ياردەم بەردى.

ياڭ چياڭۋا

## ئارقا سەپ كاپالىتى

1999 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىملىرى شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى %80 تىن كۆپرەك ئاساسىي قۇرۇلۇش خىراجىتىنى ئاساسىي قاتلامغا ئورۇنلاشتۇردى. بىر يىلدا ئاساسىي قاتلامدىكى قىسىملارغا 50 مىليون 80 مىڭ يۈەن تۈرلۈك قۇرۇلۇش خىراجىتى (بۇنىڭ ئىچىدە باش ئەترەت ئۆزى تەييارلىغىنى 10 مىليون 710 مىڭ يۈەن) ئاجرىتىپ، 36 ساقچىخانا (پونكىت) نىڭ 10 مىڭ 890 كۋادرات مېتىرلىق خەتەرلىك ئۆيىنى ئۆزگەرتتى ۋە 7838 كۋادرات مېتىرلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشنى تاماملىدى؛ يېڭىدىن 5850 كۋادرات مېتىر كادىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى تۇرالغۇ بىناسى سالدى؛ ئالدىنقى يىلدىن ئېشىپ قالغان 5480 كۋادرات مېتىرلىق قۇرۇلۇش ۋە يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن 25 ساقچىخانا

(پونكىت) نىڭ قوشۇمچە قۇرۇلۇش ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىنى تاماملىدى؛ ئاساسىي قاتلاملارنىڭ سۇنى ياخشىلاش تۇرىدىن 57 نى، يورۇتۇش تۇرىدىن 23 نى، ئىسسىتىش تۇرىدىن 27 نى، يۇيۇنۇش تۇرىدىن 15 نى، گازارما رېمونت قىلىش تۇرىدىن 16 نى پۈتتۈردى. كوماندىرلار مەكتىپى ئۈچۈن 2 گېكتار يەر سېتىۋېلىپ، 4367 كۋادرات مېتىر تۇرالغۇ ئۆي بىناسى سېلىپ بەردى. 345 مىڭ يۇرۇش (دانە) قورال - جابدۇق، ماددىي ئەشيا تەييارلىدى، ماس كېلىش نىسبىتى 98% تىن كۆپرەككە يەتتى. قىسمەن ئورۇنلارنىڭ مالىيە كىرىم - چىقىمىنى ئىقتىسادىي تەپتىش قىلدى، چوڭ مىقدارلىق چىقىملارنى تەپتىش قىلىپ، 108 مىڭ 200 يۈەن چىقىمنى كېمەيتتى. تۆەن دەرىجىلىك 8 رەھبەر، يېڭىدىن تۆۋەن دەرىجىلىك 67 رەھبەرنى ۋە 80 مالىيە خادىمىنى ۋەزىپىسىدىن ئايرىپ تەپتىش قىلدى. قىسىملارنىڭ يېزا ئىگىلىك - قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىشىنى يۆلەش ئۈچۈن 4 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجراتتى. ئاپتونوم رايوندىكى قىسىملار 240 پارنىك ياسىدى، كۆلىمى 22 مىڭ 300 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ؛ يېزا ئىگىلىك - قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىشىدا تېرىقچىلىق كۆلىمى 829 گېكتارغا يەتتى؛ قولدا 18 مىڭ 190 كالا - قوي، 2047 چوشقا، 12 مىڭ 580 ئۆي قۇشى قالدى. يېزا ئىگىلىك - قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىشىدىن 4 مىليون 160 مىڭ يۈەن پايدا ئېلىندى.

ياڭ چياڭۋا

# خەلق ھاۋا مۇداپىئەسى

## خەلق ھاۋا مۇداپىئە خىزمىتى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشىغا 37 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى، چالا قالغان 18 مىڭ 621 كۋادرات مېتىرلىق قۇرۇلۇش پۈتتۈرۈلدى. بىر يىلدا 1411 كۋادرات مېتىرلىق قۇرۇلۇش پۈختىلاندى، 170 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق قۇرۇلۇش ئاسرالدى، 332 كۋادرات مېتىرلىق تاشلاندۇق قۇرۇلۇش ئۆزەشتۈرۈلدى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 112 مىڭ 685 كۋادرات مېتىر خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشى ئېچىپ پايدىلىنىلدى. خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشىدىن پايدىلىنىپ 17 مىليون 619 مىڭ 100 يۈەن مەھسۇلات قىممىتى (تىجارەت سوممىسى) يارىتىلدى، يۇقىرىغا 2 مىليون 84 مىڭ 700 يۈەن پايدا - باج تاپشۇرۇلدى، خەلق ھاۋا مۇداپىئە تارماقلىرى 3 مىليون 105 مىڭ يۈەن ئىشلىتىش ھەققى ئالدى.

ۋېن جىمىڭ

## قۇمۇل شەھىرىدىكى «شىنيۇ» يەر ئاستى سودا بازىرىنىڭ قۇرۇلۇشى پۈتتى

شىنجاڭ يەر ئاستى قۇرۇلۇشلىرىنى لايىھىلەش يۇرتى لايىھىلىگەن، قۇرۇلۇش قىلىشنى قۇمۇل شەھەرلىك بىناكارلىق شىركىتى ئۈستىگە ئالغان، «شىنيۇ» شىركىتى 5 مىليون يۈەن مەبلەغ سالغان قۇمۇل «شىنيۇ» يەر ئاستى سودا بازىرىنىڭ قۇرۇلۇشىدا 1999 - يىل 4 - ئايدا ئىش باشلانغانىدى، 10 - ئايدا پۈتۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى.

بۇ قۇرۇلۇشنىڭ كۆلىمى 2225 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئۇرۇش ۋاقتىدا يوشۇرۇنۇش ئورنى قىلغىلى ۋە ماددىي ئەشيا ئامبىرى (قوغدىلىش دەرىجىسى 6 -) قىلغىلى بولىدۇ. بۇ قۇرۇلۇش قۇمۇل شەھىرى جەنۇبىي مەيدان يولى 4 كوچا يېنىدىكى «دەۋر» مەيدانىنىڭ ئالدىغا جايلاشقان.

ۋېن جىمىڭ

## قەشقەر شەھىرى ھېيتگاھ 2 - نومۇرلۇق يەر ئاستى ئۆتۈشمە يولى قۇرۇلۇشى

بۇ قۇرۇلۇش ھېيتگاھ مەيدانىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، «شىمالىي ئازادلىق» يولىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. قۇرۇلۇش كۆلىمى 810 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. پولات چىۋىق - بېتون تاختا قۇرۇلمىلىق، قوغدىلىش دەرىجىسى 6 - دەرىجە. قۇرۇلۇش 1999 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى پۈتتى، سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليون 200 مىڭ يۈەن (يەككىلەر سالغان مەبلەغ).

ۋېن جىمىڭ

# ئىگىلىك باشقۇرۇش ۋە نازارەتچىلىك

## ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەش

### خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەش نىشانى مۇنداق بولدى: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1998 - يىلدىكىدىن تەخمىنەن %8 ئاشۇرۇلىدۇ، 1 - كەسىپنىڭ %4، 2 - كەسىپنىڭ %10.4 (بۇنىڭ ئىچىدە سانائەتنىڭ %9، بىناكارلىقنىڭ %14)، 3 - كەسىپنىڭ %9 ئاشۇرۇلىدۇ؛ جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنىدىغان مەبلەغ 60 مىليارد يۈەنگە يەتكۈزۈلۈپ، 1998 - يىلدىكىدىن %15.4 ئاشۇرۇلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىكنىڭ جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە سالىدىغان مەبلىغى 29 مىليارد 700 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈلۈپ، %15.1 ئاشۇرۇلىدۇ؛ پۈتۈن ساھە بويىچە مالىيە كىرىمى 12 مىليارد 675 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈلۈپ، %12.9 ئاشۇرۇلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك مالىيە كىرىمى 7 مىليارد 400 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈلۈپ، %13 ئاشۇرۇلىدۇ؛ تاشقى سودىدا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 1 مىليارد 600 مىليون دوللارغا يەتكۈزۈلۈپ، %4.6 ئاشۇرۇلىدۇ؛ تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسىنىڭ ئۆرلەش نىسبىتى %3 ئىچىدە، ئاھالىلەر ئىستېمال بۇيۇملىرى باھاسىنىڭ ئۆرلەش نىسبىتى %5 ئىچىدە تىزگىنلىنىدۇ. شەھەر - بازارلاردا ئىشسىزلارنىڭ نىسبىتى %4 ئىچىدە، نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰15 ئىچىدە تىزگىنلىنىدۇ.

ئاپتونوم رايون 1999 - يىلى دۆلەتنىڭ ئىچكى تەلەپنى كېڭەيتىشكە دائىر سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش سالمىقىنى زورايتىپ، ئىچكى، تاشقى بازارلارنى زور كۈچ بىلەن ئېچىپ، ئىقتىسادنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىلىرىنى پائال يېتىلدۈرۈپ، تۈرلۈك ئىسلاھاتنى پائال، سالماق ئىلگىرى سۈرۈپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ مۇقىم يۈكسىلىشىگە ۋە ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولۇپ، ئاپتونوم رايونىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەشنىڭ يىل بېشىدا بەلگىلەنگەن نىشانلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئورۇندىدى. ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 116 مىليارد 900 مىليون يۈەن (ھازىرقى باھا بويىچە، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) گە يەتتى، ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا، 1998 - يىلدىكىدىن %7.1 ئېشىپ، پىلاندا بەلگىلەنگەن %8لىك نىشانغا يېتەلمىدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 55 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، پىلان %91.7 ئورۇندالدى، 1998 - يىلدىكىدىن %5.8 ئاشتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 7 مىليارد 400 مىليون يۈەنگە يېتىپ %13 ئاشتى، دېمەك پىلان ئورۇندالدى. تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش باھا كۆرسەتكۈچى %96.2، ئاھالىلەر ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ باھا كۆرسەتكۈچى %97.4 بولۇپ، پىلاندا بەلگىلىگەن نىشان ئىچىدە تىزگىنلەندى. تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 1 مىليارد 770 مىليون دوللارغا يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %15.7 ئاشتى؛ نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰12، شەھەر - بازارلاردا ئىشسىزلارنىڭ نىسبىتى %4 بولۇپ، پىلاندا بەلگىلەنگەن نىشان ئىچىدە تىزگىنلەندى.

يالڭ يىبو

### خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا دائىر مۇھىم سىياسەت ۋە تەدبىرلەر

1. يىرىك يېزا ئىگىلىكى تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىدا يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلىش

سۇ ئىنشائاتلىرى مۇھىم نۇقتا قىلىنغان يېزا ئىگىلىك ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى داۋاملىق كۈچەيتىلىدۇ. سۇ تېجەش بىلەن سۇ كۆپەيتىشنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇلۇپ، سۇ تېجەش ئاساس قىلىنىپ، سۇ تېجەش ئىنشائاتلىرى قۇرۇلۇشى نۇقتىلىق ياخشى تۇتۇلۇپ، پۈركۈپ سۇغىرىش، تامچىلىتىپ سۇغىرىشقا ئوخشاش سۇ تېجەش تېخنىكىلىرى زور

كۆچ بىلەن ئومۇملاشتۇرۇلىدۇ. شىمالىي شىنجاڭدىكى سۇ باشلاش قۇرۇلۇشلىرى، ئۈلۈغچاتا سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشى، تارىم ۋادىسىدىكى سۇغىرىش ـ سۇ چىقىرىۋېتىش قۇرۇلۇشى ۋە مۇھىت ئاسراش 2 ـ قارارلىق قۇرۇلۇشى قاتارلىق سۇ ئىنشائاتلىرى قۇرۇلۇشلىرى نۇقتىلىق ھالدا يېزا ئېلېكتىر تورى قۇرۇلۇشىنى ئۆزگەرتىش، ئامىنى قۇدۇق قېزىشقا، يۈرۈشلەشتۈرۈشكە تەشكىللەش، يەر ئاستى سۈيىنى مۇۋاپىق ئېچىش، سۇغىرىش بىلەن زەي چىقىرىۋېتىشنى بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىپ، تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ يەنە شورلىشىپ، زەيلىشىپ كېتىش مەسىلىسى تۈپتىن ھەل قىلىنىدۇ.

تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسى پائال تەڭشىلىدۇ. ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشى بوشاشتۇرۇلماي، ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى مۇقىملاشتۇرۇلۇپ، بىرلىك ھوسۇلى ئاشۇرۇلۇپ، ئومۇمىي ھوسۇلنىڭ ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىنىدۇ. قارا ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى مۇۋاپىق كېڭەيتىلىدۇ، سۈپەتلىك شال، مەخسۇس پىششىقلىنىدىغان بۇغداي ۋە ئاقسىل تەركىبى يۇقىرى سۈپەتلىك كۆممىقوناق زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇلىدۇ. پاختىچىلىق قەتئىي تەۋرەنمەي راۋاجلاندۇرۇلىدۇ، ھوسۇلنىڭ يۇقىرىلىقى، سۈپىتىنىڭ ياخشىلىقى، باھاسىنىڭ ئەرزانلىقى بىلەن بازار رىقابىتىگە قاتناشتۇرۇلىدۇ.

ياغلىق دان بولۇپمۇ زاراڭزا قاتارلىق ئۆزگىچە ياغلىق دان مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىشى مۇۋاپىق ئاشۇرۇلىدۇ، قىزىلچا ۋە باشقا ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنىڭ كۆلىمى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ، ئەنئەنىۋى داڭلىق، ئالاھىدە، ئېسىل، كەم ئۇچرايدىغان مەھسۇلاتلار زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇلىدۇ، سۈپەتلىك، يېڭى مەھسۇلاتلار يېتىلدۈرۈلۈپ ۋە راۋاجلاندۇرۇلۇپ، بازارنىڭ خىلمۇ خىل تەلىپى قاندۇرۇلىدۇ.

دېھقانچىلىقنى پەن ـ مائارىپقا تايىنىپ گۈللەندۈرۈش زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇلىدۇ. دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ۋە پەن ـ تېخنىكا ماۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى ھەقىقىي كۈچەيتىلىدۇ، دېھقانچىلىق پەن ـ تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مۇلازىمەت تورى مۇكەممەللەشتۈرۈلىدۇ، دېھقانلارغا ئەسقاتىدىغان تېخنىكا ئۆگىتىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، دېھقانلارنىڭ ئىلغار، ئەمەلىي تېخنىكىلارنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىش ئىقتىدارى ئۆستۈرۈلىدۇ.

چارۋىچىلىق تېز راۋاجلاندۇرۇلىدۇ. چارۋىچىلارنى ئولتۇراقلاشتۇرۇش مەركەز قىلىنغان ئوتلاق بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشى ۋە تەبىئىي ئوتلاقلارنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشى داۋاملىق ئېلىپ بېرىلىدۇ، ھەرخىل باقمىچىلىق ئائىلىلىرى ۋە كەسپىي باقمىچى يېزا ـ كەنتلەرنى قۇرۇش ئاساس قىلىنغان چارۋىچىلىق بازىسى قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمى تېزلىتىلىدۇ، شىمالىي شىنجاڭ مۇھىم نۇقتا قىلىنغان چارۋىچىلىق بازىسى قۇرۇلۇشى داۋاملىق تېز ئېلىپ بېرىلىدۇ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى شەرت ـ شارائىتى بار ۋىلايەت، ناھىيىلەردە بىر تۈركۈم يېڭى چارۋىچىلىق بازىلىرى قۇرۇلىدۇ.

ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىك پائال راۋاجلاندۇرۇلىدۇ. دەل ـ دەرەخلەرنى كېسىش توختىتىلىپ، تېرىقچىلىقتىن چېكىنگەن يەرلەرگە دەل ـ دەرەخ تىكىش، ئوت ـ چۆپ تېرىش زور كۈچ بىلەن ئېلىپ بېرىلىپ، سۇ، تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىش ۋە يەرنىڭ جىددىي چۆللىشىپ كېتىش يۈزلىنىشى توسۇلىدۇ. ئىھاتە ئورمىنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئاساسىدا ئىقتىسادىي ئورمانلار نۇقتىلىق راۋاجلاندۇرۇلىدۇ، ئورمانچىلىق قۇرۇلۇشى ئومۇميۈزلۈك ئېلىپ بېرىلىپ، ياڭاق، ئانار، بادام، ئۆرۈك، نەشپۈت، ئۈزۈم، ئالما، چىلان قاتارلىق مېۋىلەر ياخشى ئۆتۈلۈپ، باغۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ تاۋارلىشىش سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلىدۇ.

يېزا ئىگىلىكىنىڭ كەسپىلىشىشى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. پاختا، ئاشلىق، چارۋىچىلىق، شېكەر خام ئەشياسى ۋە ئورمانچىلىق ـ باغۋەنچىلىكتىن ئىبارەت 5 چوڭ بازا قۇرۇلۇشىنى چۆرىدىگەن ھالدا رايون خاراكتېرلىك ئەۋزەل كەسىپلەر بارلىققا كەلتۈرۈلىدۇ، باشلامچى كارخانىلار يېتىشتۈرۈلىدۇ، داڭلىق مەھسۇلاتلار يارىتىلىدۇ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت سىستېمىسى ۋە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرى سىستېمىسى مۇكەممەللەشتۈرۈلىدۇ، مەھسۇلاتلارنىڭ پىششىقلاش سەۋىيىسى ۋە باشقا مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇلۇش نىسبىتى ئۆستۈرۈلىدۇ.

يېزا ـ بازار كارخانىلىرى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇلىدۇ، كىچىك شەھەر ـ بازار قۇرۇلۇشى سالماق قەدەم بىلەن ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش كىچىك شەھەر ـ بازار قۇرۇلۇشى بىلەن بىرلەشتۈرۈلىدۇ، ئۇلار شەرت ـ شارائىتى بار كىچىك شەھەر ـ بازارلارغا مۇۋاپىق مەركەزلەشتۈرۈلىدۇ، كىچىك شەھەر ـ بازارلار ۋە دېھقانلار يېڭى كەنتلىرى پائال راۋاجلاندۇرۇلىدۇ، كىچىك شەھەر ـ بازارلارنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىقتىدارى ۋە ئەتراپىدىكى يېزىلارنى يېتەكلەش رولى كۈچەيتىلىدۇ.

نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش خىزمىتى ياخشى ئىشلىنىدۇ. مىليونلىغان ئادەمنىڭ كىيىم پۈتۈن، قورساق توق بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش قۇرۇلۇشى ۋە 7 يىلدا 80 مىليون نامراتنى يۆلەش جېڭى پىلانى داۋاملىق يولغا

قويۇلىدۇ. ئېچىش تىپىدىكى يۆلەش ۋە يەرلىك يېزا ئىگىلىكىگە تايىنىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، 300 مىڭ نامراتنىڭ كېيىنىش - تويۇنۇش مەسىلىسى ھەل قىلىنىدۇ. كېيىنكى 3 يىلدا يېزىلاردا ئىچىدىغان سۇنى ياخشىلاش - كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى داۋاملىق ياخشى ئىشلىنىدۇ.

2. سانائەت قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش قەدىمى تېزلىتىلىپ، سانائەت - قاتناشنى مۇۋاپىق تېز يۈكسەلدۈرۈش

سانائەت قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش قەدىمى تېزلىتىلىدۇ. نېفىت سانائىتىدە ئېنىقلانغان نېفىت زاپىسىنى كېڭەيتىش، مەھسۇلات مىقدارىنى ئاشۇرۇش ئاساسلىق تىرىشىش نىشانى قىلىنىپ، نازۇك نېفىت خىمىيە سانائىتى پائال راۋاجلاندۇرۇلۇپ، مەھسۇلاتلارنىڭ قىممىتى، ئۈنۈمى ئاشۇرۇلىدۇ. توقۇمىچىلىق سانائىتىدە يۇقىرى سۈپەتلىك يىپ، پاختا رەخت ئىشلىنىپ، توقۇمىچىلىق سانائىتى مەھسۇلاتلىرىنىڭ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلىدۇ، قوشۇلما قىممىتى ئاشۇرۇلىدۇ، 60 مىڭ ئۇرچۇقنى قىسقارتىش، ساپ زىياننىڭ يېرىمىنى ئازايتىش نىشانى تىرىشىپ ئورۇندىلىدۇ. كۆمۈر سانائىتىدە قانۇنسىز ئېچىلغان ۋە جايلىشىشى مۇۋاپىق بولمىغان كانلار تاقىلىدۇ. ئېلېكتر قۇرۇلۇشى ۋە ئېلېكتر تورىنى ياخشىلاش، يېزىلاردا ئېلېكتر باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئورنىتىش ۋە يېزا ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشى پائال ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.

«داڭلىق ماركا ئىستراتېگىيىسى» زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇلىدۇ. «داڭلىق بولۇش، بىخەتەر بولۇش، سۈپەتلىك بولۇش، كۆڭۈلدىكىدەك بولۇش» تىن ئىبارەت 4 چوڭ سۈپەت قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئاپتونوم رايوننىڭ داڭلىق مەھسۇلاتلارنى يۆلەش سالمىقى، تېخنىكا ئۆزگەرتىش سالمىقى زورايتىلىپ، تېخنىكا تەركىبى يۇقىرى يېڭى مەھسۇلاتلار ئۈزلۈكسىز ئىشلىنىدۇ، داڭلىق مەھسۇلات، داڭلىق كارخانا يارىتىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىلىدۇ.

دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇلىدۇ. «چوڭلىرىنى تۇتۇش، كىچىكلىرىنى قويۇۋېتىش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇلۇپ، چوڭ، ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىلىرىدا زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىش ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى سىنىقى ياخشى ئېلىپ بېرىلىدۇ، دۆلەتنىڭ شەرت ھازىرلىغان بىر تۈركۈم كارخانىلارنىڭ بازارغا كىرىشىگە رۇخسەت قىلىنىشى قولغا كەلتۈرۈلىدۇ. خىلمۇ خىل شەكىللەر ئارقىلىق كىچىك دۆلەت كارخانىلىرى يەنىمۇ جانلاندۇرۇلىدۇ.

كارخانىلار گۇرۇھىنى يۆلەش سالمىقى زورايتىلىدۇ. قوشۇۋېتىش، ۋەيران قىلىش سالمىقى زورايتىلىپ، كارخانىلارنىڭ بىرلىشىپ گۇرۇپپىلىشىشى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ، سىناق دائىرىسى كېڭەيتىلىپ، دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇشقا ھوقۇق بېرىش يولغا قويۇلىدۇ، دۆلەت مۈلكىنىڭ مىقدارى تەڭشىلىپ ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ مۇۋاپىق يۆتكىلىپ تۇرۇشى يولغا قويۇلۇپ، كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى ئاشۇرۇلىدۇ ۋە بازارغا كىرىپ رىقابەتلىشىش ئىقتىدارى ئۆستۈرۈلىدۇ.

كارخانا باشقۇرۇش داۋاملىق كۈچەيتىلىدۇ. دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى تەرتىپكە سېلىنىدۇ ۋە كۈچەيتىلىدۇ، رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمى ۋە نازارەتچىلىك مېخانىزمى ئورنىتىلىدۇ. بىر تۈركۈم چوڭ، ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىلىرىغا مالىيە باش نازارەتچىسى ئەۋەتىپ تۇرغۇزۇش سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلۇپ، سۈپەت، تەننەرخ، مەبلەغ باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلىدۇ. ھېساباتى مۇستەقىل سانائەت كارخانىلىرىنىڭ زىيىنى 1998 - يىلدىكىدىن 10% ئازايتىلىدۇ، كارخانىلارنىڭ زىيان تارتىش كۆلىمى 5 پىرسەنت پوئىنتقا چۈشۈرۈلىدۇ.

3. ئىقتىسادنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىلىرىنى پائال يېتىلدۈرۈش، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش

ساياھەتچىلىك ئىقتىسادنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسى قىلىنىدۇ. ساياھەتچىلىكنىڭ قۇرۇلۇش، تەرەققىيات پىلانىنى تۈزۈش ۋە يولغا قويۇش ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ، قاناس، باغراش كۆللىرىگە ئوخشاش مۇھىم سەيلىگاھلارنىڭ يۈرۈشلۈك ئۇل مۇئەسسەسە ۋە سەيلە - ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن كېرەكلىك مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشلىرى ياخشى ئېلىپ بېرىلىدۇ «مەنزىرە ساياھەتچىلىكى، مەدەنىيەت ساياھەتچىلىكى، ئارام ساياھەتچىلىكى، قىشلىق ساياھەتچىلىك ۋە ساياھەت قىلغاچ مال سېتىۋېلىش» ئىشلىرى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇلۇپ، تەدرىجىي ئېچىپ، ساياھەتچىلىك ۋە مۇناسىۋەتلىك كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.

تۇرالغۇ كەسپى پائال راۋاجلاندۇرۇلىدۇ. ئۆي تۈزۈمى ئىسلاھاتىغا بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئەرزان، ئەپلىك تۇرالغۇ قۇرۇلۇشى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ، ئۆي تەننەرخ قۇرۇلمىسى قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، ئۆي باھاسى ھەقىقىي تۈردە چۈشۈرۈلىدۇ. ئۆي كرېدىتى كۆپەيتىلىپ، 2 - دەرىجىلىك ئۆي بازىرى ئېچىلىپ، ئۆي تېزدىن يېڭى ئىستېمال قىزىق نۇقتىسىغا ئايلاندۇرۇلىدۇ. يېڭى بىناكارلىق، بېزەش ماتېرىياللىرى زور كۈچ بىلەن كەشىپ قىلىنىپ، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى سانائىتى ۋە بىناكارلىقنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.

تەبىئىي گازدىن ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىش قەدىمى

تېزلىتىلىدۇ. تەبىئىي گازدىن پايدىلىنىش پىلانى چىڭ تۇتۇلۇپ تۈزۈپ چىقىلىدۇ. تەبىئىي گازدىن پايدىلىنىش ساھەلىرى پائال كېڭەيتىلىدۇ. شەھەرلەرنى گازلاشتۇرۇش ۋە ئاپتوموبىللارغا بېسىملىق گاز يېقىش قۇرۇلۇشلىرى تېز ئېلىپ بېرىلىپ، شەھەرلەرنىڭ ئاتموسفېرا مۇھىتى ياخشىلىنىدۇ. شەرت ـ شارائىتى بار يېزا ـ بازارلاردا ئاھالىلەرنىڭ تەبىئىي گاز يېقىشى ئومۇملاشتۇرۇلىدۇ، تەبىئىي گاز ياقىدىغان ئېلېكتر ئىستانسىلىرى قۇرۇلۇشى زور كۈچ بىلەن ئېلىپ بېرىلىپ، تەبىئىي گاز ياقىدىغان بىر تۈركۈم ئېلېكتر ئىستانسىلىرى تېز قۇرۇپ چىقىلىدۇ.

قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش، ئېچىش قەدىمى تېزلىتىلىدۇ. رەڭلىك مېتال، ئالتۇن قاتارلىق قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش تېزلىتىلىدۇ. ئالتاي، ئىلى، قۇمۇل قاتارلىق جايلار مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، مىس ـ نىكېل، ئالتۇن، تاش ماتېرىيال قاتارلىق ئەۋزەل قېزىلما بايلىقلارنى ئېچىش قەدىمى تېزلىتىلىدۇ.

يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم قىلىشقا ۋە مۇھىت ئاسراشقا كېرەكلىك يېڭى مەھسۇلاتلار تىرىشىپ ئىشلىنىدۇ. يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم قىلىشقا كېرەكلىك يېڭى، ئەپلىك دېھقانچىلىق ماشىنا ـ سايمانلىرى، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بىرىكمە ئوغۇت قاتارلىق مەھسۇلاتلار زور كۈچ بىلەن ئىشلىنىدۇ، مۇھىت ئاسراش مەھسۇلاتلىرى سانائىتى راۋاجلاندۇرۇلۇپ، مۇھىت ئاسراش مەھسۇلاتلىرى پائال ئىشلەپچىقىرىلىدۇ.

ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىك زور كۈچ بىلەن يۆلىنىدۇ. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى دادىل قوللىنىلىدۇ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىككە باج، مەبلەغ، بازارغا كىرىشكە رۇخسەت قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى ئىگىلىككە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدۇ، ئۇلارغا سېلىنىدىغان مەبلەغ كۆپەيتىلىپ، كەسپىي يېتەكچىلىك ۋە مەسلىھەت مۇلازىمىتى كۈچەيتىلىپ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە زورىيىشى قوللىنىلىدۇ.

4. مەبلەغ سېلىش تەلىپىنى داۋاملىق كېڭەيتىش، نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارنى كۈچەيتىش

مەبلەغ جۇغلاش يوللىرى پائال كېڭەيتىلىدۇ. دۆلەتنىڭ تۈر ۋە مەبلەغ جەھەتلەردىن تېخىمۇ زور دەرىجىدە قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن داۋاملىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىلىدۇ. پاي چېكى، زايوم تارقىتىش كۆلىمى پائال كېڭەيتىلىدۇ، كارخانىلارنىڭ مەبلىغى ۋە جەمئىيەتتە بىكار تۇرغان مەبلەغلەر تېخىمۇ كۆپ جەلپ قىلىنىپ، قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىشكە يېتەكلىنىدۇ. مەملىكەت سىرتىدىكى مەبلەغ ۋە ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى مەبلەغلەردىن پائال پايدىلىنىدۇ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى كۈچلۈك چوڭ شىركەتلەر، چوڭ گۇرۇھلار شىنجاڭغا مەبلەغ سېلىشقا جەلپ قىلىنىدۇ. كوللېكتىپلار ۋە شەخسلەر مەبلىغىنىڭ ئېشىشىغا سىياسەت جەھەتتىن زۆرۈر مۇھىت يارىتىپ بېرىلىدۇ، ئۇلار قوشۇۋېلىش، سېتىۋېلىش، پاي قوشۇش، پاينى تىزگىنلەش قاتارلىق جەھەتلەردە مەبلەغ سېلىپ قۇرۇلۇش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇلىدۇ.

مەبلەغ سېلىش قۇرۇلمىسى يەنىمۇ تەڭشىلىدۇ. سەۋىيىسى تۆۋەن تەكرار قۇرۇلۇشلارنى قىلىش چەكلىنىدۇ، مەبلەغ سېلىش سۈپىتى ۋە ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلىدۇ. تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىشتا دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق، قاتناش، خەۋەرلىشىش، شەھەر مۇھىتىنى ئاسراش، شەھەر ئۇل مۇئەسسەسەلىرى، شەھەر ـ يېزا ئېلېكتر تورى، ئاشلىق ئامبىرى قاتارلىق ئۇل مۇئەسسەسەلەر ۋە ئۇل كەسىپ تۈرلىرى مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، مەبلەغ ئالدى بىلەن شۇلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. بازىرى، پايدىسى بار پىششىقلاش سانائىتى تۈرلىرى ۋە ئەرزان، ئەپلىك تۇرالغۇ قۇرۇلۇشىغا مەدەت بېرىلىدۇ، تۈرلۈك كەسىپلەر، نۇقتىلىق كارخانىلار ۋە داڭلىق مەھسۇلاتلارنى ئۆزگەرتىش تۈرلىرى يۆلىنىلىدۇ.

5. ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىستېمال بازىرىنى جانلاندۇرۇش ۋە ئېچىش، باھا تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇرۇش

ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇلىدۇ. دېھقانلارنىڭ ئېشىنچە ئاشلىقىنى قوغداش باھاسى بويىچە كۆپلەپ سېتىۋېلىش، ئاشلىق ساقلاش كارخانىلىرى ئاكتىپ باھادا سېتىش، ئاشلىق سېتىۋېلىش مەبلىغىنى يېپىق ئىشلىتىش سىياسەتلىرى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، دۆلەت ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى تېزلىتىلىپ، ئاشلىق بازىرىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش نىشانى ئورۇندىلىدۇ. پاختىنى يۇقىرى سۈپەتتە، تۆۋەن باھاسى بىلەن بازار رىقابىتىگە قاتناشتۇرۇش ئۈچۈن، پاختا ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى تېزلىتىلىپ، ئوبوروت ھالقىلىرى، ئوبوروت چىقىملىرى ئازايتىلىدۇ. ئاپتونوم رايوننىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ خىمىيىۋى ئوغۇت ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى لايىھىسى تۈزۈپ چىقىلىدۇ. يېزا تاۋار بازىرى زور كۈچ بىلەن ئېچىلىدۇ. يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى توپ، پارچە سېتىش بازارلىرى داۋاملىق قۇرۇلىدۇ، دېھقانلار مۇھىم يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى دۆلەتكە سېتىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن بىۋاسىتە بازارغا ئەكىرىپ سېتىشقا ئىلھاملاندۇرۇلىدۇ. سودا ـ سانائەت ـ يېزا ئىگىلىكى،

ئىشلەپچىقىرىش ـ تەمىنلەش ـ سېتىش بىر گەۋدىگە ئايلانغان تىجارەت شەكلى زور كۈچ بىلەن يېتىلدۈرۈلۈپ ۋە راۋاجلاندۇرۇلۇپ، يېڭىچە ئىشلەپچىقىرىش ـ سېتىش مۇناسىۋىتى ئورنىتىلىدۇ. زەنجىرسىمان تىجارەت، ۋاكالەتچىلىك تۈزۈمى، يەتكۈزۈپ بېرىش مەركىزىگە ئوخشاش زامانىۋى ئوبوروت تەشكىلىي شەكىللىرى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇلىدۇ، رايون، ساھە ئاتلىغان زەنجىرسىمان تىجارەت ئۇقتىسىلىق قوللىنىلىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇلۇپ، زەنجىر كۆلەملەشتۈرۈلىدۇ. ئوبوروت مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى داۋاملىق كۈچەيتىلىدۇ. مەبلىغىنى دۆلەت ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغان 6 دۆلەت ئاشلىق ئامبىرى قۇرۇلۇشى ياخشى تۇتۇلۇپ، ئالدىنقى بىرىم يىلدا ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا دۆلەتنىڭ تېخىمۇ كۆپ تۈرلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە ئۇلارغا مەبلەغ سېلىشى قولغا كەلتۈرۈلۈپ، پاتراق ئىش باشلاشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىلىدۇ. جايلارمۇ ئېھتىياجغا قاراپ، پائال مەبلەغ جۇغلاپ، بىر تۈركۈم ئوبوروت قىلىش، ساقلاش مۇئەسسەسىلىرىنى قەدەم باسقۇچلۇق ھالدا قۇرىدۇ.

باھا شەكىللەندۈرۈش مېخانىزمى مۇكەممەللەشتۈرۈلىدۇ، باھا تەرتىپى قېلىپلاشتۇرۇلىدۇ. باھا تەكشۈرۈشتە تولۇق، پوچتا، تېلېگراف ھەم تۈرلۈك ئۈچ قاتارلىق ئۇل كەسىپلەر ۋە جامائەت ئىشلىرى باھاسىنى تەكشۈرۈش مۇھىم نۇقتا قىلىنىدۇ. باھانى نازارەت قىلىش باشقۇرۇش سالمىقى زورايتىلىپ، تۆكمە قىلىپ ئەرزان سېتىش، باھانى مونوپول قىلىۋېلىش، باھا ئالدامچىلىقىغا ئوخشاش ناتوغرا قىلمىشلار تەكشۈرۈلۈپ قاتتىق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

6. ئېكسپورتنى ئىرىشىپ مۇقىملاشتۇرۇپ، چەتنىڭ مەبلىغىدىن پائال تۈردە ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش.

تاشقى سودا تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى چوڭقۇرلاشتۇرۇلىدۇ. ئۇقتىسلىق چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئېكسپورت، ئىمپورت قىلىش ھوقۇقى پائال ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ئىمپورت ـ ئېكسپورت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. ئىگىلىك باشقۇرۇشى ياخشى بىر تۈركۈم كۈچلۈك شىركەتتىن گۇرۇھ تەشكىل قىلىنىپ، چەت بىلەن بولغان ئالاقە بىرلىككە كەلتۈرۈلىدۇ، كۆلەملىك تىجارەتكە سېلىنىدۇ. تاشقى سودىنى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈش ئىستراتېگىيىسى داۋاملىق يولغا قويۇلىدۇ. مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا دۆلەتلەر بىلەن بولغان سودا مۇستەھكەملىنىدۇ ۋە كېڭەيتىلىدۇ. لاتىن ئامېرىكىسى، ئافرىقا، ئوكيانىيە قاتارلىق رايونلاردا زور كۈچ بىلەن يېڭى بازار ئېچىلىدۇ. ئېكسپورت تاۋارلىرى قۇرۇلمىسى پائال تەڭشىلىدۇ، كۆپ مىقدارلىق تاۋارلارنى ئېكسپورت قىلىش خىزمىتى ياخشى ئىشلىنىدۇ، بولۇپمۇ ياختا ئېكسپورتى ياخشى تۇتۇلۇپ، شىنجاڭ ياختىسى پۈتۈن كۈچ بىلەن خەلقئارا بازارغا چىقىرىلىدۇ. نەق پۇل سودىسى پائال قانات يايدۇرۇلۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا مالغا مال تېگىشىش سودىسى، قۇرۇلۇش ھۆددىگە ئېلىش، ئەمگەك كۈچى چىقىرىشقا ئوخشاش سودا شەكىللىرى كېڭەيتىلىپ، ئارتۇقچە مەھسۇلات ئېكسپورتى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلار ۋە پىششىقلاش سودىسىغا زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىلىدۇ. چېگرا سىرتىدا پىششىقلاش سودىسىنى راۋاجلاندۇرۇش مۇھىم بىر ئىستراتېگىيە قىلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرىدىغان پىششىقلاش كارخانىلىرىنى چەتكە چىقىپ پىششىقلاش سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئىلھاملاندۇرۇش ئارقىلىق تاۋار ئېكسپورتى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.

چەت ئەل قەرز پۇلىدىن پائال پايدىلىنىلىدۇ، سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ كىرگۈزۈش سالمىقى زورايتىلىدۇ، چەت ئەل مەبلىغىنىڭ سېلىنىش يۆنىلىشى مۇۋاپىق يېتەكلىنىدۇ. چەت ئەل مەبلىغىنى يېزا ئىگىلىكى، قاتناش، ئېنېرگىيە مەنبەسى، مۇھىم خام ئەشيا قاتارلىق ئۇل مۇئەسسەسە ۋە ئۇل كەسىپلەرگە ھەم نېفىت خىمىيە سانائىتى، يېنىك سانائەت ـ توقۇمىچىلىق سانائىتى، يېمەكلىك، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى قاتارلىق تۈۋرۈك كەسىپلەرگە سېلىشقا پائال يېتەكلىنىدۇ، چەت ئەل سودىگەرلىرى قىزىلما بايلىقلارنى ۋە ساياھەتچىلىك بايلىقىنى ئېچىشقا ئىلھاملاندۇرۇلۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش قەدىمى تېزلىتىلىدۇ.

7. مالىيە، پۇل مۇئامىلىسى خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى قوللاش.

باج ئېلىشنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلىدۇ، مالىيە مەنبەلىرى پائال ئېچىلىدۇ. باجنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، باجدا ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى ئېنىقلىنىپ ۋە قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، ھوقۇق دائىرىسىدىن ھالقىپ باج كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش قەتئىي توسۇلۇپ، مالىيە كىرىمى ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىنىدۇ.

چىقىم قۇرۇلمىسى تەڭشىلىدۇ. «بىر تەرەپتىن قورساقتا ئىشلەش، يەنە بىر تەرەپتىن قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇلۇپ، تۈرلۈك يوللار بىلەن مەبلەغ جۇغلاپ مائاش تارقىتىشقا كاپالەتلىك قىلىنىدۇ. مالىيە چىقىمى قاتتىق تىزگىنلىنىدۇ، تىزگىنلەشتە پىكاپ سېتىۋېلىش چىقىمى، يىغىن چىقىمى، تېلېفون چىقىمى قاتارلىق چىقىملار مۇھىم نۇقتا قىلىنىدۇ. چىقىم

قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ئارقىلىق كۆپەيتىلگەن مەبلەغ مۇمكىنقەدەر ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشلىرى، ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش خىراجىتى قوشۇمچە ياردىمى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاش، پەن ـ مائارىپقا تايىنىپ شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش ۋە يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىشكە ئوخشاش مۇھىم چىقىم ئېھتىياجلىرى كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدۇ.

پۇل مۇئامىلە خەۋپىنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ ۋە پۇل مۇئامىلە خەۋپى ئاجىزلاشتۇرۇلىدۇ. بانكىلارنىڭ ئىچكى كونترول مېخانىزمى كۈچەيتىلىدۇ، پۇل مۇئامىلە تەرتىپى تەرتىپكە سېلىنىدۇ، شەھەر سودا بانكىسى، ھاۋالە مەبلەغ شىركىتى، شەھەر، يېزا ئامانەت قەرز كوپىراتىپى قاتارلىق يەرلىك پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى ئېنىقلاش، تەرتىپكە سېلىش ۋە نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش كۈچەيتىلىدۇ، قانۇنسىز پۇل مۇئامىلە ھەرىكەتلىرى چەكلىنىدۇ ۋە ئۇلارغا زەربە بېرىلىدۇ. كۆرۈلۈش ئېھتىمالى بولغان خىلمۇ خىل چىقىم خەۋپلىرىنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ ۋە ئۇلار ئاجىزلاشتۇرۇلىدۇ. ئاكسىيە بازىرى تېز يېتىلدۈرۈلۈپ، بىۋاسىتە يۈرۈشلەشتۈرۈلىدىغان مەبلەغ ۋە كەسپكە سېلىنىدىغان مەبلەغ پائال، مەزمۇت قەدەم بىلەن ئاۋۇتۇلۇپ، ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى ئەقىلغا مۇۋاپىق ئۆنۈملۈك مەبلەغ ئېھتىياجى قاندۇرۇلىدۇ.

8. شىنجاڭنى پەن ـ مائارىپقا تايىنىپ گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ ئىشلىرىنى تىرىشىپ راۋاجلاندۇرۇش.

ئاساس تەتقىقات، ئەمەلىي تېخنىكا تەتقىقاتى ۋە يۇقىرى تېخنىكا تەتقىقاتى پائال قانات يايدۇرۇلۇپ، ئارىلىق تەجرىبىسى، خىزمەت خاراكتېرلىك تەجرىبە كۈچەيتىلىپ، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تىرىشىپ بارلىققا كەلتۈرۈلۈپ، پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرىنى رېئال ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرۇش تېزلىتىلىدۇ. پەن ـ تېخنىكا تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى پائال ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى ئىشلەپچىقىرىشقا يۈزلىنىشكە، كارخانىلارغا كىرىشكە، شەرت ـ شارائىتى بار پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق مەھسۇلاتلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ، كارخانا ياكى كارخانىلار گۇرۇھى قۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ شۇنداق قىلىشىغا مەدەت بېرىلىدۇ. كارخانىلارنىڭ پەن تەتقىقات ئورنى قۇرۇپ، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان ھالدا تېخنىكا ئۆزگەرتىش، تېخنىكا يېڭىلاش يولىغا مېڭىشىغا پائال مەدەت بېرىلىپ، كارخانىلار تەدرىجىي ھالدا پەن ـ تېخنىكىغا سېلىنما سالىدىغان سۇبيېكتقا

ئايلاندۇرۇلىدۇ. كاپىتال، تېخنىكا قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنى تەقسىماتقا قاتناشتۇرۇشقا يول قويۇلىدۇ ۋە ئىلھاملاندۇرۇلىدۇ. پەن تەتقىقات خادىملىرىنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقى يەنىمۇ قوزغىتىلىدۇ.

مائارىپ ھەقىقىي تۈردە ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغان ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنغا قويۇلىدۇ. مائارىپنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى تېزلىتىلىپ، ھۆكۈمەت ئاساس قىلىنىدىغان، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى قاتنىشىدىغان ئورتاق مەكتەپ باشقۇرۇش يېڭى تۈزۈلمىسى تەدرىجىي ئورنىتىلىدۇ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلىدۇ. مائارىپ بايلىقى مۇۋاپىق تەقسىم قىلىنىپ، مائارىپ قۇرۇلمىسى ياخشىلىنىپ، مائارىپ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلىدۇ. ساپا مائارىپى كۈچەيتىلىدۇ، 2000 ـ يىلىغا بارغىچە 9 يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپنى ئاساسىي جەھەتتىن ئومۇملاشتۇرۇش نىشانىنىڭ ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىنىدۇ. شەكلى، قاتلىمى ھەرخىل ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا مائارىپى، كەسپىي مائارىپ ۋە چوڭلار مائارىپى پائال راۋاجلاندۇرۇلىدۇ، كەسپىي مائارىپ قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىشقا خىزمەت قىلدۇرۇلىدۇ. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تارقىلىشى ۋە قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش داۋاملىق تېزلىتىلىدۇ، ئالىي مەكتەپلەردە پەن، قاتلام ۋە كەسىپ قۇرۇلمىسى يەنىمۇ تەڭشىلىپ، مەكتەپ باشقۇرۇش ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلىدۇ. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ «211 قۇرۇلۇشى» نىڭ قەدىمى تېزلىتىلىدۇ. ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مائارىپقا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش شەكلىنى بىر خىللاشتۇرۇش ئىسلاھاتى پائال ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، غەيرىي مەجبۇرىيەت مائارىپى تەننەرخىنى ئۆستىگە ئېلىش تۈزۈمى قەدەممۇ قەدەم سىناق قىلىپ يولغا قويۇلىدۇ، كەسىپ دائىرىسى كەڭ، ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك، تاللاش ئاسان پەنلەر ۋە كەسىپلەرگە قوبۇل قىلىنىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى پىلانلىق كۆپەيتىلىدۇ.

9. تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلارنى پائال راۋاجلاندۇرۇپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت، نوپۇس ۋە مۇھىتنى ماس يۈكسەلدۈرۈپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش.

سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتلىك قۇرۇلۇشى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىلىدۇ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە، ئاخبارات ـ نەشرىيات، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە قاتارلىق ئىجتىمائىي ئىشلار ئومۇميۈزلۈك يۈكسەلدۈرۈلىدۇ. پىلانلىق تۇغۇتتا «ئۈچنى ئاساس قىلىش» فاڭجېنى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ئاز پەرزەنتلىك بولۇپ ياخشى تەربىيىلەش تەشەببۇس قىلىنىپ، نوپۇسنىڭ ساپاسى ئۆستۈرۈلىدۇ. ئەدەبىيات ـ سەنئەت، ئاخبارات ـ نەشرىيات، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىشلىرى

راۋاجلاندۇرۇلىدۇ. تۆمەن چاقىرىملىق چېگرا مەدەنىيەت كارىدورى قۇرۇلۇشى ياخشى ئېلىپ بېرىلىدۇ، گەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى گۈللەندۈرۈلىدۇ، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدا مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىدۇ. رادىئو - تېلېۋىزىيىنىڭ قاپلاش دائىرىسى داۋاملىق كېڭەيتىلىدۇ. سەھىيە ئىشلىرىدا ئالدىنى ئېلىش داۋاملىق ئاساس قىلىنىدۇ، تېببىي داۋالاش كاپالىتى تۈزۈمى ئىسلاھاتى پائال ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ، ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش تۈزۈمىنىڭ قاپلاش كۆلىمى تەدرىجىي كېڭەيتىلىدۇ. ئومۇمىي خەلق سالامەتلىك پىلانى داۋاملىق يولغا قويۇلىدۇ، ئاممىۋى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى پائال قانات يايدۇرۇلىدۇ. تەنتەربىيە مائارىپى ئاپپاراتلىرى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى كارخانىلار بىلەن بىرلىشىپ ئۆتكۈزۈش يولى ئېچىلىدۇ، رىقابەت مېخانىزمى كىرگۈزۈلۈپ، ماھارەت تەنتەربىيىسىنىڭ سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلىدۇ.

مۇھىت ئاسراش قۇرۇلۇشى داۋاملىق ياخشى ئېلىپ بېرىلىپ، بۇلغاش قاتتىق تىزگىنلىنىدۇ. ئورۇمچى قاتارلىق شەھەرلەردە ئاتموسفېرانىڭ بۇلغىنىشىنى تىزگىنلەش ۋە تۈزەش نۇقتىلىق كۈچەيتىلىپ، پاكىز ئېنېرگىيە ئىشلىتىش كېڭەيتىلىدۇ، بافراش كۆلىنىڭ بۇلغىنىشىنى مەخسۇس تۈزەش پائال قانات يايدۇرۇلىدۇ.

شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ماددىي مەدەنىيەت تۇرمۇش سەۋىيىسى يەنىمۇ ئۆستۈرۈلىدۇ. نامرات يېزا ئاھالىلىرى ۋە شەھەر - بازارلاردىكى تۇرمۇشى ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەمدىنمۇ تۆۋەن ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇش مەسىلىسى نۇقتىلىق ھەل قىلىنىدۇ. ئاھالىلەرنىڭ ئۆي، تازىلىق، قاتناش ۋە خەۋەرلىشىش شارائىتى ياخشىلىنىدۇ.

10. ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىش قۇرۇلۇشىنى ئىرىشىپ ياخشى ئېلىپ بېرىش.

ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسى ئىرىشىپ ياخشى ھەل قىلىنىدۇ. خادىملارنى قىسقارتىپ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش بىلەن قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇش تەرتىپى ۋە مەلۇم قىلىپ ئەنگە ئالدۇرۇش تۈزۈمى قېلىپلاشتۇرۇلىدۇ. ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرى يەنىمۇ كېڭەيتىلىدۇ، ئىش ئورنى ئىرىشىپ كۆپەيتىلىدۇ. ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۆزى ئىش تېپىشقا ياكى ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىقتىسادىي ئورۇنلارغا، يېزىلارغا بېرىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشقا يېتەكلىنىدۇ، بولۇپمۇ ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر مەھەللە مۇلازىمىتى ۋە ئائىلە مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا يېتەكلىنىدۇ. ئەمگەك تەييارلىقى تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلىدۇ، ۋاقىتلىق ئىشچى، سائەتلىك ئىشچى، پەسىللىك ئىشچى ۋە ئېلاستىكىلىق ئىش ۋاقتى تۈزۈمى قاتارلىق باشقىچىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش شەكىللىرى كەڭ يولغا قويۇلىدۇ. ئەمگەك كۈچى بازىرى تېز يېتىلدۈرۈلۈپ، ئىشقا تونۇشتۇرۇش ئورۇنلىرىنىڭ ۋاستىچىلىق رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇپ، ئەمگەك كۈچى بىلەن تەمىنلەش، ئەمگەك كۈچلىرىگە بولغان تەلەپكە دائىر ئۇچۇر تورى بارلىققا كەلتۈرۈلۈپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ۋاقتى - ۋاقتىدا ئىشقا ئورۇنلىشىش ئۇچۇرى يەتكۈزۈپ بېرىلىدۇ. ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش مەبلىغى تۈرلۈك يوللار بىلەن جۇغلىنىپ، بۇ مەخسۇس مەبلەغ مۇشۇ مەقسەت ئۈچۈنلا سەرپ قىلىنىدۇ. «ئۈچ يۈز پىرسەنت» داۋاملىق مۇستەھكەملىنىپ، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر تەربىيىلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشتۈرۈلىدۇ، ھەر يىلى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشقانلار شۇ يىلى ئىش ئورنىدىن قالغانلاردىن كۆپ بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ.

يالڭ يىبو

## ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى

1. ش ئۇ ئا ر كارخانىلارنىڭ بازارغا كىرىشىگە يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى قۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون 1999 - يىلىنىڭ بېشىدا ش ئۇ ئا ر ئاكسىيە باشقۇرۇش كومىتېتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ش ئۇ ئا ر كارخانىلارنىڭ بازارغا كىرىشىگە يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى قۇرۇپ، ئاپتونوم رايوندىكى بازارغا كىرىدىغان كارخانىلارنى تاللاش، تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىش، قۇرۇشنى تەستىقلاش ۋە بازارغا كىرىشكە كۆرسىتىش خىزمەتلىرىگە ھەم بازارغا كىرگەن شىركەتلەرنىڭ قايتا گۇرۇپپىلىنىشى، مەبلەغ سېلىش يۆنىلىشى ۋە ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىشقا مەسئۇل قىلدى. ش ئۇ ئا ر كارخانىلارنىڭ بازارغا كىرىشىگە يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتىنىڭ كۈندىلىك خىزمىتىنى ش ئۇ ئا ر تۈزۈلمە ئىسلاھاتى كومىتېتى ئۈستىگە ئالدى.

2. تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىپ بازارغا كىرىدىغان كارخانىلارنى تاللاش، كۆرسىتىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. ش ئۇ ئا ر كارخانىلارنىڭ بازارغا كىرىشىگە يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى دۆلەتنىڭ كەسىپ سىياسىتى ۋە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىگە ئاساسەن مۇنۇلارنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى: ياخشىلىرى، كۈچلۈكلىرىنى يۆلەش تەدبىرىنى قوللىنىپ، ئۈستۈنلۈككە ئىگە كېڭىيىش تېپىدىكى كارخانىلار ياكى

ئۇستۇنلۇككە ئىگە مەھسۇلاتلارنى باشلامچى قىلىپ، سۈپەتلىك مۇلۇكنى قايتا گۇرۇپپىلاشتۇرۇش ئارقىلىق كۈچى زور، رىقابەت ئىقتىدارى كۈچلۈك بىر تۈركۈم پاي ھەسسىدارلىق شىركەتلىرى، گۇرۇھ شىركەتلەرنى تىرىشىپ يېتىلدۈرۈش كېرەك. دۆلەتنىڭ كەسىپ سىياسىتى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، شۇغۇللىنىۋاتقان كەسىپنىڭ تەرەققىياتى ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىنىڭ ئورۇنلىشىشىنى تەڭشەشكە، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك گۇرۇپپىلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ھەم تۈۋرۈك كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىغا مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدىغان كارخانىلارنى ئالدى بىلەن قېلىپلاشقان چەكلىك پاي شىركىتىگە ئۆزگەرتىپ بازارغا كىرگۈزۈش كېرەك. تاللاش ۋە كۆرسىتىشكە يېزا - ئىگىلىكنى ئۇنىۋېرسال ئېچىش ۋە كەسىپلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش تۈرلىرىنى، بولۇپمۇ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىك كەسىپلىرىنىڭ داڭلىق، سۈپەتلىك، ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنى كەسىپلەشتۈرۈپ ئېچىش، باشقۇرۇش تۈرلىرىنى؛ مۇھىم قېزىلما بايلىقلارنى ئېچىش ۋە ئۇنىۋېرسال پىششىقلاش تۈرلىرىنى؛ شىنجاڭچە ئالاھىدىلىك ۋە ئەۋزەللىككە ئىگە يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپ تۈرلىرىنى ۋە ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا ئارقىلىق ئۆزگەرتىش تۈرلىرىنى، بازارلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان ئۇل مۇئەسسەسە ۋە جامائەت ئىشلىرىنى كەسىپلەشتۈرۈش تۈرلىرىنى مۇھىم نۇقتا قىلىش كېرەك. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا كارخانىلاردىن بازارغا كىرىش شارائىتىنى ھازىرلىغان تايانچ كارخانىلارنىمۇ ئىلھاملاندۇرۇش ۋە قوللاش كېرەك.

3. بازارغا كىرگۈزۈلىدىغان بىر تۈركۈم زاپاس كارخانىلار بېكىتىلدى. ش ئۇ ئا ر كارخانىلارنىڭ بازارغا كىرىشىگە يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى تەكشۈرگەندىن كېيىن، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بىر تۈركۈم چەكلىك پاي شىركەتلىرىنى تەستىقلىدى ھەم ئۇلارنى ئاپتونوم رايوندىكى بازارغا كىرگۈزۈلىدىغان زاپاس كارخانا قىلىپ بېكىتتى. بۇ كارخانىلار بىر يىل مەشغۇلات ئېلىپ بېرىپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنغاندىن كېيىن بازارغا كىرىشنى ئىلتىماس قىلدى. ئۇلار: شىنجاڭ مايتاغ «تيەنلى» يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا چەكلىك پاي شىركىتى، «مىك» خەلقئارالىق ئۆي سايمانلىرى چەكلىك پاي شىركىتى، شىنجاڭ ئۇچۇر يوللاش پەن - تېخنىكىسى چەكلىك پاي شىركىتى، شىنجاڭ باغراش قومۇشچىلىق چەكلىك پاي شىركىتى، شىنجاڭ «چاڭيۈەن» سۇ - ئېلېكتر ئۇنىۋېرسال تەرەققىيات چەكلىك پاي شىركىتى، شىنجاڭ كورلا نەشپۈتى چەكلىك پاي شىركىتى، شىنجاڭ «تيەنسەي» پەن - تېخنىكا چەكلىك پاي شىركىتى. ئۇلار ئىچىدە شىنجاڭ مايتاغ «تيەنلى» يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا چەكلىك پاي شىركىتى پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكى ۋە جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى ۋە يۇقىرى پەن - تېخنىكىلىق كارخانا دەپ بېكىتىلدى. ئۇنىڭ بازارغا كىرىش ئىلتىماسى كۆلەم ۋە ۋاقىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شىنجاڭ «شىنفېڭ» چەكلىك پاي شىركىتى مۈلۈكچىلىك مۇناسىۋىتى بىر تەرەپ قىلىنغاندىن كېيىن بازارغا كىرگۈزۈلىدىغان زاپاس كارخانا قىلىپ بەلگىلەندى.

4. دۆلەتنىڭ 1997 - يىللىق پاي چېكى تارقىتىش پىلانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە پائال تىرىشچانلىق كۆرسىتىلدى. ش ئۇ ئا ر كارخانىلارنىڭ بازارغا كىرىشىگە يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى جۇڭگو ئاكسىيە نازارەتچىلىكى كومىتېتى تەرىپىدىن 1997 - يىللىق پاي چېكى تارقىتىش پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن گۇاڭخۇي تاش ماتېرىياللار شىركىتى، خەلقئارا ئوقەتچىلىك شىركىتى، ۋۇخۇا چارۋىچىلىق شىركىتى، كوئېنلۇن بالون شىركىتى قاتارلىق 4 دۆلەت كارخانىسىنىڭ تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىش ئەھۋالىنى ھەم بازارغا كىرىشنىڭ ئاستا بولۇشىنىڭ سەۋەبىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ ۋە تەھلىل قىلىپ، بۇ شىركەتلەر ۋە ئالاقىدار تارماقلاردىن پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىشنى كۈچەيتىپ، ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، پائال شەرت - شارائىت يارىتىپ، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشنى مۇمكىنقەدەر تېز ئىلتىماس قىلىشنى ۋە بازارغا كىرىشنى قولغا كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

5. بازارغا كىرگەن كارخانىلارنىڭ باشقۇرۇلۇشىنى قېلىپلاشتۇرۇش كۈچەيتىلدى. 1) بازارغا كىرگەن شىركەتلەرنىڭ مەبلەغ جۇغلاش - سېلىش يۆنىلىشىنى باشقۇرۇش جەھەتتە، بازارغا كىرگەن شىركەتلەردىن مەبلەغنى ئاساسەن شىنجاڭغا سېلىش، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش جەھەتتىكى ئۇستۇنلۇكىدىن پايدىلىنىپ، باشلامچىلىق، تۈرتكىلىك رول ئوينىشى تەلەپ قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھۆكۈمەت تارماقلىرىدىن ئاپتونوم رايون ئىچىدە مەبلەغ سېلىشنى يېتەكلەشنى كۈچەيتىپ، بازارغا كىرگەن شىركەتلەرنىڭ مەبلەغ سالىدىغان تۈرلەرنى ياخشى تاللىشىغا ياردەم بېرىشنى، مەبلەغ سېلىش مۇھىتىنى ياخشىلاپ، شەرت - شارائىت يارىتىپ بېرىش تەلەپ قىلىندى. 2) بازارغا كىرگەن، كىرىدىغان شىركەتلەرنىڭ ھەرىكىتى ۋە باشقۇرۇلۇشىنى قېلىپلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىش جەھەتتە، بازارغا كىرگەن، كىرىدىغان شىركەتلەردىن ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، قانۇنىي ئىگە باشقۇرۇش قۇرۇلمىسىنى ئورنىتىپ ۋە

مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ھەقىقىي تۈردە ئۆزگەرتىپ، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش تەلەپ قىلىندى.

جاڭ شۇ

## كارخانا ئىسلاھاتى

ئاپتونوم رايون 1999 - يىلى دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كارخانا گورۇھلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورناتتى. ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر سانائىتى، تۈنخې، دوستلۇق قاتارلىق چوڭ كارخانىلار ۋە كارخانا گورۇھلىرى بازارغا تېخىمۇ تېز يۈزلەندى، كۈچىنى يەنىمۇ ئاشۇردى. زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنىڭ تەلىپى بويىچە يەنە 15 چوڭ، ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىسىنىڭ تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلىپ، بىر تۈركۈم كارخانا گورۇھلىرى قۇرۇلدى. يىل ئاخىرىدا ئاپتونوم رايوندىكى كارخانا گورۇھى 28گە، شېنجېن، شاڭخەي ئاكسىيە بىرژىلىرىدا ۋۇۋسكا ئېچىپ بازارغا كىرگەن شىركەت 14كە يەتتى.

ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلار ئىسلاھاتىنىڭ قەدىمى تېزلىتىلدى. 1999 - يىلى جايلار، تارماقلار مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون كىچىك دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە پاي ھەمكارلىق تۈزۈمىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا ئوتتۇرىغا قويغان يولغا قويۇش چارىسىغا ئوخشاش سىياسەتلەرنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قويۇۋېتىپ جانلاندۇرۇش بىلەن يۆلەپ راۋاجلاندۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، تۈرگە بۆلۈپ يېتەكچىلىك قىلىپ، پاي قوشۇپ ھەمكارلىشىش، ئىجارىگە بېرىش، قوشۇۋېتىش، ۋەيران قىلىشقا ئوخشاش شەكىللەرنى قوللىنىپ، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنى جانلاندۇردى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى كىچىك كارخانىلارنىڭ ئازكەم ئۈچتىن ئىككى قىسمىنىڭ تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىپ بولۇندى. ئىلگىرىلەش تېزراق بولغان ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلىپ بولغانلىرى %80تىن ئاشتى. كارخانىلارنىڭ ئاشقى مۇھىتىنى يەنىمۇ ياخشىلاش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارغا مۇلازىمەت قىلىدىغان مەبلەغ كرېدىت كېپىللىك شىركىتى قۇردى. ئىلى، قۇمۇل قاتارلىق ۋىلايەتلەر ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارغا مەبلەغ سېلىشقا كېپىللىك قىلىشنى سىناق قىلىپ ئىلگىرىلەشكە ئېرىشتى. ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارغا ئۇچۇر، تېخنىكا يەتكۈزۈپ بېرىش ۋە ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەپ بېرىش مەقسەت قىلىنغان مۇلازىمەت خىزمىتىنىڭ سالمىقى يەنىمۇ زورايتىلدى.

دېڭ شۈچى

# ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىقى

## چەت ئەللەر بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ئەھۋالى

قۇرۇلۇش ھۆددىگەرلىكى ۋە ئەمگەك مۇلازىمىتى جەھەتتىكى ھەمكارلىق 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون چەت ئەللەر بىلەن قۇرۇلۇش ھۆددىگەرلىكى ۋە ئەمگەك مۇلازىمىتى توختامىدىن 10نى ئىمزالىدى، توختامدىكى سومما 6 مىليون 720 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %43.630، تىجارەت سوممىسى 8 مىليون 10 مىڭ دوللارغا يېتىپ، %22.190 ئاشتى. شۇ يىلى چەت ئەللەرگە ئەمگەك مۇلازىمىتى قىلىشقا 389 ئادەم چىقىرىلدى. ئۇلار ئاساسەن تاجىكىستان، قازاقىستان، سەئۇدى ئەرەبىستانىغا ئەۋەتىلدى. ھۆددىگە ئېلىنغان ئاساسلىق تۈرلەر تاجىكىستان تاماكا زاۋۇتىنى تېخنىكا جەھەتتىن ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى، قازاقىستاننىڭ نېفىت قۇدۇقىنى سىناش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت.

چەت ئەللەرگە ئىقتىساد - تېخنىكا جەھەتلەردىن ياردەم بېرىش 1999 - يىلى چەت ئەللەرگە ياردەم بېرىش تۈرىدىن 7سى زىممىگە ئېلىندى. ئۇلارنىڭ سوممىسى 40 مىليون يۈەنگە يەتتى. ياردەم ئالغان دۆلەتلەر: قازاقىستان، ئافغانىستان. چېتىشلىق ساھەلەر: ماي قاچىلاش پونكىتى، مۇساپىرلارغا ياردەم بېرىش.

ئىقتىسادىي ياردەملەرنى قوبۇل قىلىش چەت ئەل ھۆكۈمەت ياردىمى تۈرىدىن 5ى قوبۇل قىلىندى، ئۇلارنىڭ سوممىسى (سۇندۇرۇپ ھېسابلىغاندا) 5 مىليون 890 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاۋستىرالىيە ھۆكۈمىتى بۆرۈلتوقاي ناھىيىسى ئالدا يېزىسىنىڭ ئىچىدىغان سۇنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشىغا 500 مىڭ يۈەن، يېڭى زېلاندىيە ھۆكۈمىتى بۆرۈلتوقاي ناھىيىسى ئالدا يېزىسىنىڭ شىپاخانا قۇرۇلۇشىغا 150 مىڭ يۈەن، ياپونىيە ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئوقۇتۇش سايمانلىرى بىلەن سەرەمجانلاشتۇرۇشىغا 8 مىليون يۈەن، ئاۋستىرالىيە ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا ئېيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا 40

مىليون يۈەن، يېڭى زېلاندىيە ھۆكۈمىتى بارىكۆل ئاياللىرىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا 140 مىڭ يۈەن ھەقسىز ياردەم بەردى.

چەت ئەلگە مەبلەغ سېلىش 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مەملىكەت سىرتىدا 7 كارخانا قۇرۇش تەستىقلاندى، ئۇلارغا 10 مىليون 100 مىڭ دوللار مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە جۇڭگو تەرەپ سالغىنى 8 مىليون 390 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 360.99% ئاشتى. بۇ كارخانىلار ئاساسەن قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئاۋستىرالىيەلەردە.

گۇەن چۈن

## چەتنىڭ مەبلىغىدىن پايدىلىنىش ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون چەتنىڭ مەبلىغىدىن پايدىلىنىش توختامىدىن 52نى ئىمزالاپ تەستىقلىدى، بۇلارنىڭ سوممىسى 61 مىليون 510 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شېرىك كارخانا 33، سوممىسى 33 مىليون 40 مىڭ دوللار؛ ھەمكارلىق كارخانىسى 7، سوممىسى 11 مىليون 950 مىڭ دوللار؛ چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانا 12، سوممىسى 16 مىليون 520 مىڭ دوللار. ئەمەلىيەتتە پايدىلىنىلغان چەت ئەل مەبلىغى 24 مىليون 40 مىڭ دوللار بولدى.

چەتتىن كەلگەن سودىگەرلەر مەبلەغ سالغان 52 تۈر ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش تىپىدىكى تۈر 40، غەيرىي ئىشلەپچىقىرىش تىپىدىكى تۈر 12. ساھە بويىچە ئايرىغاندا، يېزا ئىگىلىك تۈرى 7، ياسىمىچىلىق تۈرى 33، مۇلازىمەت تۈرى 10، باشقا ساھە تۈرلىرى 2.

چەتتىن كەلگەن سودىگەرلەر سالغان مەبلەغ 19 دۆلەت ۋە رايوندىن كەلدى. ئاساسلىقلىرى: شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى مەبلەغ سالغىنى 13 تۈر، سوممىسى 16 مىليون 210 مىڭ دوللار؛ ئامېرىكا مەبلەغ سالغىنى 9 تۈر، سوممىسى 11 مىليون 710 مىڭ دوللار؛ ئەنگلىيە مەبلەغ سالغىنى 2 تۈر، سوممىسى 6 مىليون 460 مىڭ دوللار؛ ۋىرگىن تاقىم ئاراللىرى مەبلەغ سالغىنى 2 تۈر، سوممىسى 5 مىليون 980 مىڭ دوللار؛ ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى مەبلەغ سالغىنى 2 تۈر، سوممىسى 3 مىليون 880 مىڭ دوللار؛ تەيۋەن ئۆلكىسى مەبلەغ سالغىنى 3 تۈر، سوممىسى 5 مىليون 450 مىڭ دوللار؛ ياپونىيە مەبلەغ سالغىنى بىر تۈر، سوممىسى 2 مىليون 160 مىڭ دوللار؛ گېرمانىيە مەبلەغ سالغىنى بىر تۈر، سوممىسى 1 مىليون 270 مىڭ دوللار؛ قازاقىستان مەبلەغ سالغىنى 4 تۈر، سوممىسى 1 مىليون 170 مىڭ دوللار؛ كانادا مەبلەغ سالغىنى 3 تۈر، سوممىسى 2 مىليون 330 مىڭ دوللار؛ ئاۋستىرالىيە مەبلەغ سالغىنى 4 تۈر، سوممىسى 3 مىليون 50 مىڭ دوللار.

مۇشۇ يىلدا چەتتىن كەلگەن سودىگەرلەر مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ ئېكسپورت كىرىمى 117 مىليون 770 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 7.83% ئېشىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئېكسپورت كىرىمىنىڭ 29.05%نى ئىگىلىدى.

گۇەن چۈن

## تېخنىكا كىرگۈزۈش، چىقىرىش ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون تېخنىكا كىرگۈزۈش ۋە ئۈسكۈنە ئىمپورت قىلىش توختامىدىن 7نى ئىمزالىدى، 1998 - يىلدىكىدىن بىر توختام كۆپ ئىمزالاندى؛ توختامدىكى سومما 1 مىليون 100 دوللار بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 96.62% ئازىيىپ كەتتى. تېخنىكا ۋە ئۈسكۈنە كىرگۈزۈش تۈرىدە كانادادىن كىرگۈزۈلگىنى بىر تۈر بولۇپ، سوممىسى 100 مىڭ دوللار، ئامېرىكىدىن كىرگۈزۈلگىنى 6 تۈر بولۇپ، سوممىسى 1 مىليون دوللار. كىرگۈزۈلگەن تېخنىكا ۋە ئۈسكۈنىلەرنى، ساھە بويىچە ئالغاندا، كومپيۇتېر يۇمشاق دېتالى تۈرى بىر بولۇپ، سوممىسى 100 مىڭ دوللار؛ نېفىت خىمىيە سانائىتى تۈرى 6 بولۇپ، سوممىسى 1 مىليون دوللار.

گۇەن چۈن

## توغرا لىنىيىلىك بىرلىشىش ۋە ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىقى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىقى توختامىدىن 567سى ئىمزالاندى، توختامدىكى سومما 6 مىليارد 656 مىليون يۈەنگە يەتتى، ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىقى توختامىدىن 527سى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، ئۇلارنىڭ سوممىسى 4 مىليارد 754 مىليون يۈەنگە يەتتى، باشقا ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە شەھەرلەردىن كىرگۈزۈلىدىغان مەبلەغنىڭ 800 مىليون يۈەنى ئەمەلىيلەشتى. بۇ ھەمكارلىق تۈرلىرى ئەمەلىيلەشكەن ۋە ئىجرا قىلىنغاندىن كېيىن مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 941 مىليون يۈەن، پايدا ۋە باج 584 مىليون يۈەن ئاشىدۇ، مەھسۇلات خىلىدىن 170ى، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغانلاردىن 2318ى كۆپىيىدۇ، داڭلىق ماركىغا تايانغان مەھسۇلات 40قا يېتىدۇ، 1350 كەسپىي تېخنىكا خادىمى كىرگۈزۈلىدۇ ۋە يېتىشتۈرۈلىدۇ، ماددىي ئەشيا سودىسى سوممىسى 1 مىليارد 832 مىليون يۈەنگە يېتىدۇ.

1. ئۆلكىلەر ئارا، رايونلار ئارا ھەمكارلىشىش ئومۇميۈزلۈك راۋاجلاندى. 1999 - يىلى 23 ئۆلكە، شەھەر ۋە ئاپتونوم رايون شىنجاڭغا مەبلەغ سېلىپ، ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىقىنى قانات يايدۇردى. ھەمكارلىشىش

تۈرىدىن 240ى ئەمەلىيلەشتى، ئۇلارنىڭ سوممىسى 3 مىليارد 244 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مەبلەغ سوممىسى 5 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان ھەمكارلىشىش تۈرى 46 بولۇپ، باشقا ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلاردىن 602 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى. تيەنجىن، شاڭخەي، گۇاڭدۇڭ، شەندۇڭ، سەنشى، خېنەن قاتارلىق ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ تەكشۈرۈش - زىيارەت قىلىش ئۆمەكلىرى ئۆلكە دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئاپتونوم رايونغا كېلىپ تەكشۈرۈش ۋە زىيارەتتە بولدى. ئاپتونوم رايون رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت قاتارلىق ئاساسلىق رەھبەرلەر ئۆمەك باشلاپ بېرىپ، يۈننەن، شەندۇڭ، تيەنجىن، شاڭخەي، جياڭسۇ، سەنشى، گۇاڭدۇڭ قاتارلىق ئۆلكە، شەھەرلەردە تەكشۈرۈشتە بولدى. ئاپتونوم رايوننىڭ شەندۇڭ بىلەن ياردەملىشىش، ساھە بويىچە نامراتلارنى يۆلەش ھەمكارلىقى يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشتى. ئاپتونوم رايون شەندۇڭ بىلەن «نامراتلارنى ساھەلەر بويىچە يۆلەش ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىش ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى سۆھبەت خاتىرىسى» ئىمزالىدى. يېڭىدىن ئىمزالانغان، ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرى 22 بولۇپ، شەندۇڭ 38 مىليون 660 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى، 22 مىليون يۈەن ھەقسىز نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى (11 مىليون يۈەنلىك نامراتلارنى يۆلەش ماددىي ئەشياسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) بېرىپ، خوتەن، قەشقەر ۋىلايەتلىرىدىكى نامرات دېھقانلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا ياردەم قىلدى. شەندۇڭ ئۆلكىسىدىكى ئالاقىدار كارخانىلار 20 مىليون يۈەن چىقىرىپ ئۈمىد باشلانغۇچ مەكتىپىدىن 100نى سالدۇرۇپ بەردى. ئاپتونوم رايوننىڭ خۇاڭخې ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونى، غەربىي شىمالدىكى 5 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون بىلەن بولغان رايونلار ئارا ھەمكارلىقى ياخشى يۈزلىنىشكە قاراپ داۋاملىق راۋاجلاندى. مۇشۇ يىلدا ھەمكارلىق تۈرىدىن 45ى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ ۋە ئىجرا قىلىنىپ، ئالاقىدار ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار 124 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى.

2. توغرا لىنىيىلىك بىرلىشىش ۋە ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىقى ستېرېئولىشىش، كەسىپلىشىش ۋە يۇقىرى پەن - تېخنىكا، يۇقىرى ھاسىلات، يۇقىرى ئۈنۈم يۈنىلىشىگە قاراپ راۋاجلاندى. خېنەن «ليەنخۇا» تەمخۇرۇچ گۇرۇھى بىلەن ئۈرۈمچى كوئېنلۇن گۇرۇھى شىركىتى ھەمكارلىشىپ، 1 مىليارد يۈەن مەبلەغ سېلىپ، كالا تۇرەلمىسى بىئولوگىيىلىك قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىپ، سۈپەتلىك، ساپ نەسىللىك كالا تۇرەلمىسى يېتىشتۈرۈش ھەم كالا سۈتىدىن پىششىقلانغان مەھسۇلات ئىشلەشنى، تۆمەن تۇياق كالىنى نەسىللەندۈرۈش - كۆپەيتىش بازىسى قۇرۇپ، يىلىغا 100 مىڭ تونىنا سۈت ئېلىش، تۇرەلمە ۋە تۇغۇلتىلغان ئىسپېرمىدىن 10 مىڭ تال ئىشلەپچىقىرىپ، سۈپەتلىك ئىنەك يېتىلدۈرىدىغان، پەن تەتقىقات، ئىشلەپچىقىرىش، بازا بىر گەۋدىگە ئايلانغان باشلامچى كارخانا شەكىللەندۈرۈشنى قارار قىلدى.

3. ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى بىرلىشىش - ھەمكارلىشىش ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى. ئاپتونوم رايوندىكى ۋىلايەت، ئوبلاستلار ئارىسىدىكى، يەرلىك بىلەن بىڭتۈەن ئوتتۇرىسىدىكى، يەرلىك بىلەن مەركەز كارخانىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى، كارخانىلار بىلەن كارخانىلار ئوتتۇرىسىدىكى بىرلىشىش ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندى. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى ھەمكارلىشىش تۈرىدىن 287سى ئەمەلىيلەشتى، ھەمكارلىشىش توختامىدىكى سومما 2 مىليارد 902 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئۈرۈمچى، شىخەنزە، سانجى، تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ئۈستۈنلۈكلىرى ئارقىلىق بىر - بىرىنى تولۇقلاش، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، ئورتاق راۋاجلىنىش پرىنسىپى بويىچە ئۈرۈمچى رايونلۇق ئىقتىسادىي تەشكىلات قۇردى، رايونلۇق ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنىڭ مەزمۇنى، چارىسى ۋە ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى بەلگىلىدى.

4. ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار ئارا سودا بېرىش - كېلىشى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى. 1999 - يىلى 27 ئۆلكە، شەھەر ۋە ئاپتونوم رايون 99' ئۈرۈمچى سودا يەرمەنكىسىگە ئۆمەك ۋە كارخانىلارنى قاتناشتۇردى. ئىچكى جەھەتتە بىرلىشىش ۋە سودىدا پۈتۈشۈش سوممىسى 13 مىليارد 502 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 98' ئۈرۈمچى سودا يەرمەنكىسىدىكىدىن 76.1% ئاشتى. خېنەن ئۆلكىسىدىن ھۆكۈمەتنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن 18 ۋىلايەت، شەھەر، 1300دىن ئارتۇق كارخانا يەرمەنكىگە قاتناشتى، ئۇلار ئاپتونوم رايون ئۆتكۈزۈپ بەرگەن خېنەن مەھسۇلاتلىرى يەرمەنكىسىدە پۈتۈشۈلگەن سودا سوممىسى 10 مىليارد يۈەندىن ئاشتى. ئاپتونوم رايون كۆنمىڭ دۇنيا يەرمەنكىسى، مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى يەرمەنكىسى، گۇاڭجۇ يەرمەنكىسى، شىئەن ئوتتۇرا، غەربىي قىسىمنىڭ ھەمكارلىشىپ مەبلەغ سېلىش ۋە سودا كېڭىشى، سەنشى خەلقئارا ئاۋاز يەرمەنكىسى قاتارلىق ئىقتىساد - سودا كېڭەشلىرىگە نەچچە 10 كارخانىنى قاتناشتۇردى، ئۇلار ئاپتونوم رايون مەھسۇلاتلىرىنىڭ تونۇلۇش دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، بازار تېپىپ، مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

يۈەن جىنلياڭ

## قوشۇمچە (1)

**1999 - يىلى ئاپتونوم رايونغا باشقا ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلاردىن 5 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ كىرگۈزۈلگەن ھەمكارلىق تۈرلىرى**

ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ 7 تۈر

1. سىچۈەن چىڭدۇ «جىسىڭ» ئوپتىكىلىق تالا خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنىلىرى چەكلىك پاي شىركىتى بىلەن ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا تەرەققىيات - قۇرۇلۇش باش شىركىتى ھەمكارلىشىپ، ئوپتىكىلىق تالا ۋە خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنىسى ئىشلىدى، بۇنىڭغا سېلىنغان مەبلەغ 30 مىليون يۈەن بولۇپ، 20 مىليون يۈەنى سىچۈەندىن كىرگۈزۈلدى.

2. گۇاڭدۇڭ جۇخەي «شىنتو» ئوقەتچىلىك گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا تەرەققىيات رايونىدا شىنجاڭ «شىنتو» يېڭىچە بىزەك ماتېرىياللىرى چەكلىك شىركىتى قۇرۇپ، يېڭىچە بىزەك ماتېرىيالى ئىشلىدى، بۇنىڭغا سېلىنغان مەبلەغ 72 مىليون 500 مىڭ يۈەن بولۇپ، 18 مىليون 120 مىڭ يۈەنى جۇخەيدىن كىرگۈزۈلدى.

3. جېجياڭ تەيجۇ «جىنچيۇ» شىركىتى ئۈرۈمچى شەھىرى تەڭرىتاغ رايونى «جېڭيا» دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇش شىركىتى بىلەن بىرلىشىپ، «پەرۋاز» ماركىلىق ئوراش - قاچىلاش ماتېرىيالى ئىشلىدى، بۇنىڭغا سېلىنغان مەبلەغ 20 مىليون يۈەن بولۇپ، 8 مىليون 500 مىڭ يۈەنى جېجياڭدىن كىرگۈزۈلدى.

4. شاڭخەي «رىشېڭ» رەڭلىك ئورام چەكلىك شىركىتى بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرى تەڭرىتاغ رايونى شىمالىي ئازادلىق يولى ئىش باشقارمىسى سانائەت شىركىتى ھەمكارلىشىپ، «ئۆدېلى» ماركىلىق چايدان ئىشلىدى، بۇنىڭغا سېلىنغان مەبلەغ 20 مىليون يۈەن بولۇپ، 10 مىليون يۈەنى شاڭخەيدىن كىرگۈزۈلدى.

5. خۇبېي ۋۇخەن «يۈەنتەي» ئالىيۇمىن سانائىتى شىركىتى 20 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، شىنجاڭ «جۇڭخې» چەكلىك پاي شىركىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، شىنجاڭ «يۈەنتەي» ئالىيۇمىن سانائىتى مەسئۇلىيەت شىركىتى قۇرۇپ، ئالىيۇمىن ماتېرىيال ئىشلەشكە باشلىدى.

6. جياڭسۇ توقۇمىچىلىق ماشىنا - ئۈسكۈنىلىرى شىركىتى 5 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ئۈرۈمچى شەھىرى شىمىگو رايونلۇق شەھەر قۇرۇلۇشى ئىدارىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، توقۇمىچىلىق ماشىنا - ئۈسكۈنىلىرى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى.

7. گۇاڭدۇڭ «دۇنيى» ئىقتىسادىي تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى 14 مىليون 680 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ تۇدۇڭخابا رايونىدا ئاشخانا سايمانلىرىنى يىغىپ دېزىنفېكسىيىلەش تۈرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى.

تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ 2 تۈر

1. جياڭسۇ چاڭجۇ يېنىڭ سانائەت شىركىتى 5 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، تۇرپان ۋىلايەتلىك گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلار ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە مەرمەر تاش قېزىش ۋە پىششىقلاشقا كىرىشتى.

2. فۇجەن نەنئەن تاشچىلىق شىركىتى 6 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، پىچان ناھىيىسىنىڭ «جىنلېي» تاش ماتېرىياللار زاۋۇتى بىلەن بىرلىشىپ، گرانىت تاش، مەرمەر تاش پىششىقلاشقا باشلىدى.

سانجى ئوبلاستىنىڭ 9 تۈر

1. سىچۈەن «رۇڭشىن» چەكلىك پاي شىركىتى 5 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، قۇتۇبى ناھىيىسىدە مۇستەقىل تەبىئىي گاز پونكىتى قۇردى.

2. سىچۈەن «رۇڭشىن» پاي چەكلىك شىركىتى 20 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، قۇتۇبى ناھىيىسىدە ئائىلىلەرگە تەبىئىي گاز كىرگۈزۈش قۇرۇلۇشىنى مۇستەقىل ئېلىپ باردى.

3. خۇبېي «سەنشىڭ» ئوقۇتچىلىك باش شىركىتى سانجى شەھەرلىك دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ئىدارىسى بىلەن بىرلىشىپ يېزا ئىگىلىكىنى ئۇنىۋېرسال ئېچىش بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى، بۇنىڭغا سېلىنغان مەبلەغ 10 مىليون يۈەن بولۇپ، 8 مىليون يۈەنى خۇبېيدىن كىرگۈزۈلدى.

4. چېڭدۇ «سەنۋاڭ» گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى بىلەن سانجى شەھىرى يۇشۇگو بازىرى بىرلىكتە يەم - بوغۇز زاۋۇتى قۇرۇپ، «سەنۋاڭ» ماركىلىق يەم - بوغۇز ئىشلەشكە كىرىشتى، بۇنىڭغا سېلىنغان مەبلەغ 12 مىليون يۈەن بولۇپ، 8 مىليون يۈەنى «سەنۋاڭ» گۇرۇھىدىن كىرگۈزۈلدى.

5. ئەنخۇيلۇق سودىگەر سانجى شەھىرى ليۇگۇڭ يېزىسىنىڭ ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون سىم تۈۋرۈكى زاۋۇتى بىلەن بىرلىكتە شارەك ئىشلەشكە كىرىشتى، بۇنىڭغا سېلىنغان مەبلەغ 8 مىليون 600 مىڭ يۈەن بولۇپ، 5 مىليون يۈەنى ئەنخۇيدىن كىرگۈزۈلدى.

6. جېجياڭلىق سودىگەر جىمسار ناھىيىلىك تۈرلۈك ماللار شىركىتى بىلەن بىرلىكتە رەڭلىك ئوراش - قاچىلاش ماتېرىياللىرى باسما زاۋۇتى قۇردى، بۇ تۈرگە جېجياڭدىن 5 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

7. چۇڭچىڭ «سەددىچىن» بوتۇلكا ئېغىزى زاۋۇتى 5 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، جىمسار ناھىيىسىنىڭ «سامان يولى» خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى بىلەن بىرلىكتە «جىمسار - چۇڭچىڭ» ماركىلىق بوتۇلكا ئېغىزى ئىشلەشكە كىرىشتى.

8. جۇڭگو «شىنشىڭ» نېفىت شىركىتى غەربىي جەنۇب نېفىت ئىدارىسى 6 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، سىچۈەن شەھىرىدىن زاۋۇت بىناسى، مەيدان ئىجارىگە ئېلىپ، گۇڭگۇرتلۇق لاي ئىشلەشكە باشلىدى.

9. تيەنجىن «جيۇرۇ» ماددىي ئەشيا شىركىتى سىجۇەن شەھىرىنىڭ تۇرۇبا زاۋۇتىنىڭ بىناسىنى ئىجارىگە ئېلىپ يۇقىرى چاستوتىلىق كەپشەرلەنگەن تۇرۇبا ئىشلەشكە كىرىشتى، بۇ تۈرگە تيەنجىندىن 20 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

بورتالا ئوبلاستىنىڭ بىر تۈر

لياۋنىڭ «مايالى» مېتال ئاۋلاش زاۋۇتى جىڭ ناھىيىسىگە مۇستەقىل مەبلەغ سېلىپ، رۇدا تاللاش زاۋۇتى قۇردى، بۇ تۈردە لياۋنىڭنىڭ 5 مىليون يۈەن مەبلىغى كىرگۈزۈلدى.

بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ 9 تۈر

1. جياڭسۇ «نەنتۇڭ» 6 - بىناكارلىق - قۇرۇلۇش شىركىتى 34 مىليون 960 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، كورلا شەھىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ، بىناكارلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا كىرىشتى.

2. جياڭسۇ «ۋېيۇبې» گۇرۇھى 8 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، كورلا «داخۇا» شىركىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، «ۋېيۇبې» پۇرچاق سۈتى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىنى كېڭەيتتى.

3. جېجياڭ ۋېنجۇ «ۋېندا» شىركىتى 24 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، كورلا شەھەرلىك خەلق سودا سارىيى بىلەن ھەمكارلىشىپ، سودا سارايىنىڭ تىجارەت كۆلىمىنى كېڭەيتتى.

4. جۇڭچىڭ شەھەرلىك كۆكتات تېرىقچىلىق شىركىتى 24 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، كورلا شەھىرىدە ئۆز ئالدىغا يەر ئېچىپ، كۆكتات پارنىكى سالدى.

5. جېجياڭ ۋېنجۇ شەھىرىنىڭ يۈمىن ناھىيىسى 5 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، خېجىڭ ناھىيىلىك «تەڭرىتاغ» تاغار زاۋۇتى بىلەن ھەمكارلىشىپ تاغار توقۇشقا تۇتۇش قىلدى.

6. جياڭسۇ «دادى» مۇھەممەت ئاسراش شىركىتى 12 مىليون 240 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، باغراش ناھىيىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ساياھەت - بېلىقچىلىق تۈرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى.

7. شاڭخەي «چېڭفۇ» سودا - سانائەت باش شىركىتى بىلەن بايىنغولىن ئوبلاستلىق «تەيچاڭ» سانائەت باش شىركىتى بىرلىكتە شىنجاڭ باشلامچى يېزا ئىگىلىك يۇقىرى پەن - تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى قۇردى. بۇنىڭغا سېلىنغان مەبلەغ 30 مىليون يۈەن بولۇپ، 15 مىليون 300 مىڭ يۈەنى شاڭخەيدىن كىرگۈزۈلدى.

8. جىلىن «سىپىڭ ئاۋرۇي» توقۇمىچىلىق زاۋۇتى بىلەن بايىنغولىن ئوبلاستلىق تەيچاڭ سانائەت باش شىركىتى بىرلىكتە «رۇيچاڭ» توقۇمىچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قۇردى، بۇ تۈردە جىلىندىن 25 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

9. شاڭخەي «چېڭفۇ» سودا - سانائەت باش شىركىتى بايىنغولىن ئوبلاستىدا ئۆز ئالدىغا 2000 گېكتار پاختا بازىرى قۇردى، بۇ تۈردە شاڭخەيدىن 14 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

ئىلى ۋىلايىتىنىڭ 4 تۈر

1. خېنەن «جىيۈەن» شەھەرلىك قەغەز زاۋۇتى بىلەن ئىلى قەغەز زاۋۇتى ھەمكارلىشىپ، قومۇش بوتقىسى ئىشلەشكە كىرىشتى، بۇنىڭغا سېلىنغان مەبلەغ 21 مىليون 750 مىڭ يۈەن بولۇپ، 5 مىليون يۈەنى خېنەندىن كىرگۈزۈلدى.

2. خۇبېي «ئېجۇ» فارفور بۇيۇملار باش شىركىتى بىلەن غۇلجا ناھىيىلىك يېزا - بازار كارخانىلىرى ئىدارىسى ھەمكارلىشىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك كاھىش ئىشلەپچىقىرىشقا باشلىدى، بۇنىڭغا سېلىنغان مەبلەغ 64 مىليون 800 مىڭ يۈەن بولۇپ، 33 مىليون 700 مىڭ يۈەنى خۇبېيدىن كىرگۈزۈلدى.

3. شەنشىنىڭ «گودو» گۇرۇھى بىلەن تېكەس ناھىيىلىك قېزىلما بايلىقلار ئىدارىسى ھەمكارلىشىپ، تېكەس ۋادىسىدىكى كېپەك ئالتۇن بايلىقىنى ئېچىشقا كىرىشتى، بۇنىڭغا سېلىنغان مەبلەغ 12 مىليون يۈەن بولۇپ، 8 مىليون يۈەنى شەنشىدىن كىرگۈزۈلدى.

4. گۇاڭدۇڭ «خۇالى» يۇقىرى پەن - تېخنىكا گۇرۇھى شىركىتى بىلەن كۈنەس شېكەر زاۋۇتى ھەمكارلىشىپ، بۇ زاۋۇتنىڭ قىزىلچا پىششىقلاش لىنىيىسىنى تېخنىكا جەھەتتىن ئۆزگەرتتى، بۇنىڭغا سېلىنغان مەبلەغ 90 مىليون 800 مىڭ يۈەن بولۇپ، 25 مىليون يۈەنى گۇاڭدۇڭدىن كىرگۈزۈلدى.

تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ 2 تۈر

1. جياڭشى نەنچاڭ شەھەرلىك «چاڭشىن» سودا - سانائەت چەكلىك شىركىتى 38 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، شىخو پاختا يىپ ئېگىرىش زاۋۇتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، 2 - قارارلىق كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ باردى.

2. گۇاڭدۇڭ فوشەن «جىنخۇڭ» ئوقۇتۇشچىلىك تەرەققىيات شىركىتى 6 مىليون 220 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، چۆچەك شەھەرلىك خەلقئارا سودا كارىدورى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش ئىشخانىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، قاش چېگرا ئاھالىسى ئۆزئارا سودا - ساياھەت قىلغاچ مال سېتىۋېلىش بازىرىنى سېتىۋالدى.

ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ 4 تۈر

1. گۇاڭشى ليۇجۇ ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەش شىركىتى 9 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، كۆكتوقاي ناھىيىلىك يېزا - بازار كارخانىلىرى ئىدارىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، كۆكتالا قوغۇشۇن - سىنىك رۇدىسى تاللاش

زاۋۇتى قۇردى.

2. خېبېي ئۆلكىسى شىنشيەن ناھىيىسىدىكى «دېخۇا» چەكلىك شىركىتى بىلەن ئالتاي شەھەرلىك ئىقتىساد - سودا كومىتېتى ھەمكارلىشىپ، «غۇنچە» يېمەكلىك زاۋۇتى قۇردى، بۇنىڭغا خېبېيدىن 6 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

3. جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ سۇجۇ شەھىرى بىلەن ئالتاي شەھەرلىك سۇ - تۇپراق ئېچىش ئىشخانىسى ھەمكارلىشىپ، 3300 گېكتار يەر ئاچتى، بۇنىڭغا سېلىنغان مەبلەغ 30 مىليون يۈەن بولۇپ، 16 مىليون يۈەنى جياڭسۇدىن كىرگۈزۈلدى.

4. لياۋنىڭ «زىيالىڭ» بېلىقچىلىق گۇرۇھى 12 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىدە ئۆز ئالدىغا بېلىق مەھسۇلاتلىرى پىششىقلاشقا كىرىشتى.

ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ بىر تۈر

خېنەن نەيياڭ «لىدې» گۇرۇھى شىركىتى 5 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك بانكا توقۇمىچىلىق زاۋۇتىنى ئىجارىگە ئالدى.

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 4 تۈر

1. گۇاڭجۇ مېيجۇلۇق لى تيەنتاۋ قەشقەر ۋىلايەتلىك قاتناش ساقچى چولىڭ ئەترىتىنىڭ تەربىيىلەش مەركىزىنى 10 مىليون يۈەنگە ئىجارىگە ئېلىپ، گۇاڭدۇڭ - شىنجاڭ كاتتا مېيخانىسى سېلىشقا تۇتۇش قىلدى.

2. جېجياڭ ۋېنجولۇق لىن لېشۈەن بىلەن قەشقەر شەھەرلىك «كارۋان» سودا سارىيى ھەمكارلىشىپ، «نەندا» تۈرلۈك ماللار سودا سارىيى سالدى، بۇنىڭغا جېجياڭدىن 12 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

3. شەندۇڭ ھازىرقى زامان «داشى» گۇرۇھى 5 مىليون 180 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە ترانسفورماتور زاۋۇتى قۇردى.

4. تيەنجىن شەھەرلىك كونسېرۋا زاۋۇتى بىلەن يېڭىسار ناھىيىلىك مېۋە چەكلىك شىركىتى ھەمكارلىشىپ، ئۆرۈك پىششىقلاشقا تۇتۇش قىلدى، بۇنىڭغا سېلىنغان مەبلەغ 8 مىليون يۈەن بولۇپ، 5 مىليون يۈەنى تيەنجىندىن كىرگۈزۈلدى.

بىڭتۇەننىڭ بىر تۈر

بېيجىڭ «ئەيدى» بېئو - خىمىيە تەرەققىيات شىركىتى بىلەن شىخەنزە «1 - ئاۋغۇست» شېكەر زاۋۇتى ھەمكارلىشىپ، تېخنىكىلىق ئۆسكۈنە كىرگۈزۈش ۋە شېكەر تولۇقلىما سودىسى قىلىشقا كىرىشتى، بۇنىڭغا بېيجىڭدىن 12 مىليون 750 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ 2 تۈر

1. شەندۇڭ ئاپتونوم رايونغا نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىدىن 20 مىليون يۈەن (10 مىليون يۈەنلىك ماددىي ئەشيامۇ شۇنىڭ ئىچىدە) بېرىپ، قەشقەر، خوتەن ۋىلايەتلىرىدە ئىچىدىغان سۇيىنى ياخشىلاش قاتارلىق قۇرۇلۇشلارغا ياردەم قىلدى.

2. شەندۇڭدىكى ئالاقىدار كارخانىلار 20 مىليون يۈەن بېرىپ، 100 ئۈمىد باشلانغۇچ مەكتىپى سالدۇرۇپ بەردى.

## قوشۇمچە (2)

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىي ھەمكارلىق سىستېمىسىنىڭ باشچىلىقىدا 1 مىليون يۈەندىن ئارتۇق تاشقى مەبلەغ كىرگۈزۈلگەن تۈرلەر (شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن رايونلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)

1. شياڭگاڭ «جياسۇيلى» خەلقئارا چەكلىك شىركىتى 54 مىليون 380 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ئۈرۈمچى يۇقىرى - يېڭى تېخنىكا تەرەققىيات رايونىدا يېڭىچە بېزەك ماتېرىيالى ئىشلەشكە باشلىدى.

2. تەيۋەن «يۇڭئېن» گۇرۇھى شىركىتى 15 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ شۈيشىگۇ يېزىسى بىلەن بىرلىكتە ئۈژ ئۈۋلاش - دەم ئېلىش كەنتى قۇردى.

3. ئەنگلىيە ئىتتىپاقىنىڭ «گوسەن» شىركىتى بىلەن تۇرپان شەھەرلىك ئۈزۈم ھارىقى زاۋۇتى ھەمكارلىشىپ، «ئىدىقۇت» ئۈزۈم چەكلىك شىركىتى قۇرۇپ، ئالىي ئۈزۈم ھارىقى ئىشلەشكە كىرىشتى. بۇنىڭغا سېلىنغان مەبلەغ 10 مىليون يۈەن بولۇپ، 9 مىليون يۈەننى ئەنگلىيە تەرەپ سالدى.

4. شياڭگاڭ «باۋدېلى» سودا چەكلىك شىركىتى بىلەن فۇكاڭ شەھەرلىك «بەيياڭخې» ئېلېكتر ئىستانسىسى ھەمكارلىشىپ، پەمىدۇر قىيامى ئىشلەشكە باشلىدى. بۇنىڭغا سېلىنغان مەبلەغ 32 مىليون يۈەن بولۇپ، 19 مىليون 560 مىڭ يۈەننى شياڭگاڭ تەرەپ سالدى.

# ستاتىستىكا خىزمىتى

## ستاتىستىكىلىق سانلىق مەلۇماتلارنىڭ سۈپىتى ئۆستى

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى سانلىق مەلۇماتلارنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرۈش ۋە باھالاش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ستاتىستىكىلىق سانلىق مەلۇماتلارنىڭ سۈپىتىنى باھالاش تۈزۈمى ئورناتتى. ھەر دەرىجىلىك ستاتىستىكا تارماقلىرى ئۈچۈرلارنىڭ بارلىققا كېلىشى

جەريانىدا ئۇچۇرلارنىڭ سۈپىتىنى قاتتىق كونترول قىلدى، ستاتىستىكىلىق سانلىق مەلۇماتلارنىڭ سۈپىتىگە دەرىجىمۇ دەرىجە مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويدى، ستاتىستىكىلىق سانلىق مەلۇماتلارنى يۇقىرىغا يوللاشتا «ئۈچ تەكشۈرۈش (ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيە تەكشۈرۈش)، ئۈچنى سېلىشتۇرۇش (يىللىق سانلىق مەلۇمات، تەرەققىياتقا دائىر سانلىق مەلۇمات، تارماق سانلىق مەلۇماتنى سېلىشتۇرۇش)، ئىككىنى بىرلەشتۈرۈش (ئادەم بىلەن ماشىنىنى بىرلەشتۈرۈش)» تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ، بىر ھالقا يەنە بىر ھالقىنى، بىر دەرىجە يەنە بىر دەرىجىنى تۇتۇپ، سانلىق مەلۇماتلارنىڭ سۈپەت ئۆتكىلىنى چىڭ ئىگىلىدى. ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۇرمۇشقا دائىر قىيىن، قىزىق، مۇھىم، نازۇك سانلىق مەلۇماتلارنى باھالاش، دەللەش خىزمىتىنى، بولۇپمۇ چېتىشلىق دائىرىسى كەڭ، رەھبەرلىك كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەرنى ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ، سېلىشتۇرۇپ دەللەپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

يۈ جۈڭچېڭ

## ستاتىستىكىلىق ئۇچۇر قۇرۇلۇشى

ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى 1999 - يىلى دۆلەت ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن «شىنجاڭنىڭ ستاتىستىكىلىق ئۇچۇر قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش لايىھىسى»نى تۈزۈپ چىقىپ، 1999 — 2000 - يىلىنىڭ ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا سىستېمىسىنىڭ «ئۇچۇر قۇرۇلۇشى يىلى» قىلىنىدىغانلىقىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكىلىق ئۇچۇر قۇرۇلۇشى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇردى. ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى 1999 - يىلى دۆلەت ستاتىستىكا ئىدارىسىغا تۇتىشىدىغان X • 25 گۇرۇپپىلىق مەخسۇس لىنىيىنى 9600bps/s دىن 64Kbps/s قىلىپ ئۆزگەرتتى ھەمدە دۆلەتنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن دۆلەت 512KDDN، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ستاتىستىكا ئىدارىسى 128KDDN، بىڭتۈەن ستاتىستىكا ئىدارىسى 128KDDN، ئۈچ خىل قىسىم 25KDDN ئۇلىنىدىغان مەخسۇس لىنىيىنى قوراشتۇرۇشنى ئىلتىماس قىلدى؛ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىگە مۇلازىمەت قىلىدىغان نومۇرلۇق زىيارەتنى سىناق قىلدى؛ بىر قىسىم ۋىلايەت، ناھىيىلەرگە يۇقىرى سۈرئەتلىك MODEMنى سەپلەپ بەردى.

يۈ جۈڭچېڭ

## ستاتىستىكىلاش تۈزۈمى ۋە ئۇسۇلىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىش ئەھۋالى

1. ستاتىستىكىلاش تۈزۈمى ۋە ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىش ئۈستىدە نەزەرىيە تەتقىقاتى ۋە ئەمەلىي ئىزدىنىش پائال قانات يايدۇرۇلدى. 1999 - يىلى «شىنجاڭدا ستاتىستىكىلاش تۈزۈمى ۋە ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىشقا دائىر مۇھاكىمە ئىلمىي ماقالىلەر (مەخسۇس توپلام)» نەشر قىلىندى، ئۇنىڭغا تارماقلاردىكى، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى ستاتىستىكا خادىملىرىنىڭ ئاز كەم 30 پارچە ئىلمىي ماقالىسى كىرگۈزۈلدى؛ شىنجاڭ ستاتىستىكىلاش تۈزۈمى ۋە ئۇسۇلى ئىسلاھاتى تەتقىقات جەمئىيىتى قۇرۇلدى؛ «شىنجاڭ ستاتىستىكىلاش تۈزۈمى ۋە ئۇسۇلى ئىسلاھاتى تەتقىقاتى» ژۇرنىلى نەشر قىلىندى.

2. تارماقلارنىڭ ستاتىستىكىلىق مەلۇمات جەدۋەللىرىنى باشقۇرۇش سالمىقى يەنىمۇ زورايتىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ نەچچە ئونلىغان تارمىقىغا بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق ۋە ھەيدەكچىلىك قىلىنىپ، تارماق ستاتىستىكىلىق مەلۇمات جەدۋەللىرىنى باشقۇرۇشتا ساقلانغان مەسىلىلەر ھەل قىلىندى. ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى «ش ئۇ ئا ر تارماقلىرىنىڭ ستاتىستىكىسىنى تەكشۈرۈش ۋە باشقۇرۇش توغرىسىدا بەلگىلىمە»نى تۈزۈپ چىقىپ، تارماقلار ستاتىستىكىسىنى تەكشۈرۈش تۈرلىرى ۋە مەلۇمات جەدۋەللىرىنى باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتتى ۋە قېلىپلاشتۇردى.

3. ھۆكۈمەت ستاتىستىكا تارماقلىرىنىڭ ستاتىستىكىنى تەكشۈرۈش تۈرلىرى ۋە مەلۇمات جەدۋىلىنى باشقۇرۇش خىزمىتى داۋاملىق كۈچەيتىلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. خىزمەت ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئىدارىلارنىڭ ستاتىستىكىنى تەكشۈرۈش تۈرلىرىنى قاراپ چىقىش گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى تولۇقلىنىپ، تەشكىلىي ئاپپارات تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى؛ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ ستاتىستىكىسىنى تەكشۈرۈش تۈرلىرىنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى» تۈزۈپ چىقىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، ھۆكۈمەت ستاتىستىكا تارمىقىنىڭ ستاتىستىكىنى تەكشۈرۈش تۈرلىرى ۋە مەلۇمات جەدۋىلىنى باشقۇرۇش سالمىقى يەنىمۇ ئاشۇرۇلدى، ھۆكۈمەت ستاتىستىكا تارمىقىنىڭ ستاتىستىكىنى تەكشۈرۈش تۈرلىرى قېلىپلاشقان باشقۇرۇش ئىزىغا سېلىندى.

4. چەتكە چېتىشلىق ستاتىستىكىنى تەكشۈرۈش ۋە يۇقىرىلار ستاتىستىكىسىنى تەكشۈرۈش ھەرىكەتلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتى داۋاملىق كۈچەيتىلدى. بىر تۈركۈم چەتكە چېتىشلىق تەكشۈرۈش تۈرلىرى ۋە يۇقىرىلار ستاتىستىكىسىنى تەكشۈرۈش تۈرلىرى تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى ۋە بېجىرىپ بېرىلدى.

5. ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى دۆلەت ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن 1999 - يىلدىن باشلاپ كۆلەمدىن تۆۋەن سانائەت كارخانىلىرى، كىچىك،

يەككە توپ تارقىتىش، پارچە سېتىش سودىسى ۋە يېمەك - ئىچمەك كەسپى قاتارلىقلارنى ئارىلاپ تەكشۈردى، كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەت كارخانىلىرى (مەملىكەت بويىچە 5000 بولۇپ، شىنجاڭدىكىسى 54) مۇھىم ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلىرىنىڭ ئايلىق مەلۇمات جەدۋىلىنى كارخانىلار بىۋاسىتە يوللاش تۈزۈمىنى يولغا قويدى، دەرىجە ئاتلاپ جەملەپ، بىر قېتىملىق ھەرىكەت بىلەنلا ئىشنى پۈتتۈردى.

يۈ جۇڭچېڭ

## ئۇچۇر، مەسلىھەت مۇلازىمىتى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ستاتىستىكا تارماقلىرى ستاتىستىكىلىق تەھلىل قىلىش سالمىقىنى، بولۇپمۇ ئاپتونوم رايوننىڭ ماكرو ئىگىلىك ھەرىكىتىدىكى ئومۇمىيەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىستراتېگىيىلىك مەسىلىلەر ۋە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ئومۇمىيۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈدىغان قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلىرى ئۈستىدىكى تەھلىل ۋە تەتقىقات سالمىقىنى زورايتىپ، بىر تۈركۈم يېڭى پىكىرلىك، ۋەزنىلىك مەخسۇس ستاتىستىكىلىق تەھلىل دوكلاتلىرىنى يازدى. 1999 - يىلى ئىدارە بويىچە ستاتىستىكىلىق تەھلىل ماقالىسىدىن 217 پارچە يېزىلدى، ئۇلار ئىچىدە «ئەسىر ئالمىشىش پەيتىدىكى شىنجاڭ ئىگىلىكى» سەرلەۋھىلىك ماقالە مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ستاتىستىكىلىق تەھلىل دوكلاتلىرىنى باھالاشتا 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ستاتىستىكىلىق ئۇچۇر، مەسلىھەت مۇلازىمىتىنىڭ سالمىقى زورايتىلىپ، «شىنجاڭدىكى رەھبىرىي كادىرلار ئۇچۇن مۇھىم ئىقتىسادىي ئەھۋاللارغا دائىر پايدىلىنىش ماتېرىيالى (ئايلىق كارتا)»نى چىقىرىش، تارقىتىش خىزمىتى داۋاملىق ياخشى ئىشلىنىپ، ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، سىياسىي كېڭەش ۋە ئىقتىسادقا مەسئۇل تارماقلارغا ئايمۇ ئاي ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ تۇرۇلدى؛ ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي ھەرىكەت ئەھۋالى ئايمۇئاي تەھلىل قىلىنىپ، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 1999 - يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىش يىغىنى ئۈچۈن ئاساسلىق سۆز ماتېرىيالى تەييارلاپ بېرىلدى ھەمدە كېيىنكى يېرىم يىللىق ئىقتىساد يۈزلىنىشى مۆلچەرلىنىپ، ئىچكى تەلەپنى كېڭەيتىش، ئىقتىسادنىڭ ئېشىش سۈرئىتىنى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىقلار توغرىسىدىكى تەدبىر كۆرسىتىلدى ۋە تەكلىپ بېرىلدى، ئىلگىرىلەش ئۈستىدىكى تەھلىلنىڭ ئالدىن كۆرەرلىكى ۋە مەشغۇلاتچانلىقى كۈچەيتىلدى. ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەت دوكلاتلىرىنى يېزىش خىزمىتىگە ئىشتىراك قىلىندى؛ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئالاقىدار تارماقلار ئاپتونوم رايون خەلق ئىگىلىكىنىڭ ھەرىكەتلىنىش ئەھۋالىنى ئىلگىرىلىشىگە دائىر سانلىق مەلۇماتلار بىلەن قەرەللىك تەمىنلەپ تۇرۇلدى، ئاساسەن ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە ئالاقىدار تارماق رەھبەرلىرىگە مۇلازىمەت قىلىش ئۈچۈن نەشر قىلىنغان «شىنجاڭ ئىقتىساد تەتقىقات ماتېرىيالى»، «شىنجاڭ ستاتىستىكا ماتېرىيالى»، «شىنجاڭنىڭ مۇھىم ئىقتىسادىي ئەھۋالى»، «شىنجاڭدىكى شەھەرلەرنى تەكشۈرۈش»، «شىنجاڭدىكى يېزىلارنى تەكشۈرۈش»، «شىنجاڭدىكى كارخانىلارنى تەكشۈرۈش»، «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى 5 دۆلەتكە دائىر ئىقتىسادىي ئۇچۇر ماتېرىيالى»، «ئىقتىسادىي ئۇچۇر ماتېرىيالى»، «شىنجاڭ ستاتىستىكا خەۋەرلىرى» قاتارلىق ئىچكى ماتېرىياللار 1999 - يىلى 780 سان چىقىرىلىپ، ھەرخىل مۇھىم ئىقتىسادىي ئۇچۇردىن نەچچە مىڭى ئېلان قىلىندى، ئۇلار ئىچىدە ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە دۆلەت ستاتىستىكا ئىدارىسىغا يوللاپ بېرىلگەن مۇھىم ئىقتىسادىي ئۇچۇر 316 بولۇپ، 2 سى گوۋۇيۈەن ئىشخانىسى تەرىپىدىن، 19ى دۆلەت ستاتىستىكا ئىدارىسى تەرىپىدىن، 106سى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىلىرى تەرىپىدىن ئىشلىتىلدى.

يۈ جۇڭچېڭ

# ئىقتىسادىي تەپتىشلىك خىزمىتى

## ئىقتىسادىي تەپتىشلىك خىزمىتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان

ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگانلىرى 1999 - يىلى 2769 ئورۇن ئۈستىدىن ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىپ، مالىيە قانۇن - ئىنتىزامىغا خىلاپ بىر تەرەپ قىلىنغان 6 مىليارد 523 مىليون يۈەن پۇلنى ئېنىقلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە مالىيىگە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىكى 133 مىليون يۈەن بولۇپ، 95 مىليون يۈەننى مالىيىگە تاپشۇرتقۇزدى، 15 مىليون يۈەن جەرىمانە قويدى، مالىيىدىن ئاجرىتىپ بېرىلىدىغان پۇل ۋە قوشۇمچە ياردەم پۇلىنى 133 مىليون يۈەن ئازايتتى، ئىگىلىۋېلىنغان، ئىشلىتىۋېلىنغان 352 مىليون يۈەن پۇلنى قايتۇرغۇزدى، ئاپتونوم رايونغا 580 مىليون يۈەن كىرىمنى كۆپەيتىپ، چىقىمنى تېجەپ بەردى. ئىقتىسادىي تەپتىشلىك خىزمىتى دوكلاتى ۋە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئۇچۇرىدىن 1637 پارچىنى سۇندى، بۇنىڭ 142

پارچىسىگە بەرلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى تەستىق سالدى، 249 پارچىسى يۇقىرى دەرىجىلىك ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئورگانلىرى تەرىپىدىن، 80 پارچىسى ئاخبارات ئورۇنلىرى تەرىپىدىن ئىشلىتىلدى. چوڭ، مۇھىم دېلودىن 41نى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، ئۇلاردىن 33نى ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىشلىك ئورگانلىرى ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى، 8 جاۋابكار سۈرۈشتۈرۈلۈپ بىر تەرەپ قىلىندى.

لىيۇ تىي

## شۇ دەرىجىلىك خام چوتنىڭ ئىجراسى ئۈستىدىن ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىندى

ش ئۇ ئا ر ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى 1999 - يىل 3 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگە قەدەر مالىيە نازارىتى تەييارلىغان 1998 - يىللىق ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك خام چوتنىڭ ئىجراسى ۋە باشقا مالىيە كىرىم - چىقىمى ئەھۋالى ئۈستىدىن ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلدى، ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىنغان 857 ئورۇندىن 16 مۇھىم مەسىلىنى بايقىدى، بۇ مەسىلىلەر مالىيە قانۇن - ئىنتىزامىغا خىلاپ 2مىليارد 74 مىليون 206 مىڭ يۈەنگە چېتىلىدۇ. 1) ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مالىيە نەقچوتىنى ۋاقتىدا تۈزمىگەن، 1999 - يىلى 6 - ئايغىچىمۇ نەقچوتنى رەسمىي شەكىللەندۈرمىگەن. 2) يىل بېشىدا تۈزۈلگەن خام چوتنىڭ خام چوت كۆرسەتكۈچلىرى كونكرېت، ئېنىق بولمىغانلىقى ئۈچۈن خام چوتنى ئىجرا قىلغۇچى ئورۇنلارغا ۋاقتىدا، مۇكەممەل چۈشۈرگىلى بولمىغان. 3) خام چوتتىن ئارتۇق چىقىمنى قوشۇپ خام چوت كۆرسەتكۈچىنى 429 مىليون 260 مىڭ يۈەن ئاشۇرۇۋەتكەن. 4) خام چوت كۆرسەتكۈچىنى دەرىجە تەرتىپى بويىچە خام چوتتىن ئاشۇرۇپ چۈشۈرۈپ بەرگەن ھەم خام چوت مەبلىغىنى بىۋاسىتە چىقىم قىلىپ بەرگەن. 5) مەركەز بەرگەن قوشۇمچە ياردەم پۇلىدىن 184 مىليون 850 مىڭ يۈەننى ئۆز ئالدىغا ئورۇنلاشتۇرۇۋەتكەن. 6) ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك خام چوت كىرىمى بولغان قېزىلما بايلىق تۆلەم پۇلى 44 مىليون 210 مىڭ يۈەننى، پاي تۈزۈمىدىكى كارخانىلارنىڭ تاپاۋەت بېجىنى ۋاقتىدا خەزىنىلەشتۈرمىگەن. 7) شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» يۇڭ توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى ئاپتونوم رايونغا تاپشۇرىدىغان 6 مىليون 380 مىڭ يۈەن خام چوت كىرىمىنى دۇنيا بانكىسى باشقارمىسىغا ئۆزلۈكىچە ئىگىلىتىپ قويغان. 8) ش ئۇ ئا ر دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى ئاپتونوم رايونغا تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك 1 مىليون 806 مىڭ يۈەن خام چوت كىرىمىنى تاپشۇرمىغان. 9) مالىيە خام چوتىدا چىقىمنى 177 مىليون 60 مىڭ يۈەن كۆپ كۆرسەتكەن. 10) ئىلگىرىكى يىللاردىكى ئۆتنىنى كۆتۈرۈۋېتىپ، خام چوت سىرتىدا 41 مىليون 470 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ بەرگەن. 11) مەركەز بەرگەن مەخسۇس مەبلەغدىن 12 مىليون 400 مىڭ يۈەننىڭ ئىشلىتىلىش ئورنىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن. 12) كەسپىي باشقارما، ئىشخانىلىرى خام چوت مەبلىغىنى ۋاقتىدا ئاجرىتىپ بەرمىگەن. 13) يىل ئاخىرىدا يەنە 993 مىليون 460 مىڭ يۈەن خام چوت كۆرسەتكۈچى چۈشۈرۈپ، خەزىنىدىكى پۇلنى زەربىدارلىق بىلەن چىقىم قىلغان. 14) دۇنيا بانكىسى باشقارمىسى قەرز قايتۇرۇش ئېھتىيات فوندىدىن 4 مىليون 770 مىڭ يۈەننى ئىشلىتىۋالغان. 15) سېتىۋېلىشنى تىزگىنلەشكە ئىشلىتىلىدىغان 37 مىليون 900 مىڭ يۈەن قوشۇمچە پۇلنى دائىرىدىن ھالقىپ ئىشلەتكەن. 16) بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، 140 مىليون 640 مىڭ يۈەنلىك كۆپ سوممىلىق قەرەللىك ئامانەت تەسىس قىلغان. ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيىگە دائىر ئالاقىدار قانۇن - بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن خام چوتنى ئېنىق، تەپسىلىي تۈزۈش، تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك تۇرۇپ تاپشۇرۇلمىغان خام چوت كىرىمىنى خەزىنىگە تاپشۇرتقۇزۇش قاتارلىق 16 تۈرلۈك بىر تەرەپ قىلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى، شۇ يىلى 57 مىليون 106 مىڭ يۈەن خام چوت مەبلىغىنى خەزىنىگە تاپشۇرتقۇزدى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 15 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ھەم شىخەنزە شەھىرى، 88 ناھىيە (شەھەر، رايون) دا شۇ دەرىجىلىك خام چوتنىڭ ئىجراسى ئۈستىدىن ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلدى، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرگە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىش نەتىجىسىدىن 106 پارچە دوكلات تاپشۇرۇلدى، ھۆكۈمەتنىڭ ھاۋالىسى بويىچە شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى دائىمىي كومىتېتىغا ئىقتىسادىي تەپتىشلىك خىزمىتىگە دائىر 99 پارچە دوكلات سۇنۇلدى. تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان ئىنتىزامغا خىلاپ مەسىلىلەرنىڭ سوممىسى 4 مىليارد 802 مىليون يۈەنگە يەتتى.

ۋەن فېڭ، يۈەن جىيېيۇ

## شۇ دەرىجىلىك خام چوتنى ئىجرا قىلغۇچى ئورۇنلار ئۈستىدىن ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىندى

ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 17 نازارەت، ئىدارىنىڭ، خام چوت ئىجرا قىلغۇچى 63 ئورۇننىڭ خام چوت ئىچى ۋە سىرتىدا كىرىم، چىقىم قىلىش ئەھۋالى ئۈستىدىن ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلدى. تەپتىشلىك قىلىشتا باجدىن باشقا خام چوت

كىرىملىرىنى يېغىپ يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان مالىيە خام چوتى ئەھۋالى ۋە خام چوت سىرتىدىكى مەبلەغلەرنى مالىيىگە تاپشۇرۇپ، مەخسۇس باشقۇرۇش ئەھۋالىنى تەپتىشلىك قىلىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ گەۋدىلەندۈردى. تەپتىشلىك قىلىش نەتىجىسى مۇنداق بولدى: 1) ج غ نازارىتى، ش ئۇ ئا ر خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرۇش ئىدارىسى قاتارلىق 5 تارماق مالىيىگە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك 44 مىليون 610 مىڭ يۈەن جەرىمانە، مۇسادىرە كىرىمى، مەمۇرىي خاراكتېرلىك ھەقلەر كىرىمىنى تاپشۇرمىغان. 2) ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، خەلق ئىشلىرى نازارىتى قاتارلىق 6 ئورۇن 27 مىليون 280 مىڭ يۈەن مەخسۇس مەبلەغنى ئىشلىتىۋالغان. 3) ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق 10 تارماق خام چوت سىرتىدىكى 90 مىليون 510 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرىمىنى بەلگىلىمە بويىچە مالىيىگە تاپشۇرمىغان. 4) خەلق ئىشلىرى نازارىتى، ش ئۇ ئا ر مائارىپ كومىتېتى قاتارلىق 4 ئورۇن مەخسۇس مەبلەغ ۋە كەسپىي خىراجەتنى كۆپ سومىلىق مۇددەتلىك ئامانەتكە ئايلاندۇرۇۋالغان. 5) شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قاتارلىق 5 ئورۇن مالىيە مەبلىغى ۋە يۇقىرىغا قايتۇرۇشقا تېگىشلىك ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش پۇلىدىن 10 مىليون 180 مىڭ يۈەننى كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلارغا بېرىپ تۇرۇپ، تىرىلدۇرەلمىگەن. 6) ش ئۇ ئا ر مائارىپ كومىتېتىنىڭ ئىمتىھان مەركىزى قاتارلىق تارماقلارنىڭ مالىيە ئاپپاراتى ساغلام ئەمەس، ئىچكى چەكلەش تۈزۈمى يوق بولۇپ، مالىيە ھېساباتى قالايمىقان. ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى يۇقىرىقى مەسىلىلەرنى ئالاقىدار قانۇن - بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن بىر تەرەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مائارىپ كومىتېتى ئىمتىھان مەركىزىنىڭ ئىنتىزامغا ئېغىر خىلاپلىق قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا ئىنتىزام تەكشۈرۈش تارمىقىدىن ئېنىقلاش ۋە تەرتىپكە سېلىشنى تەلەپ قىلدى. ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يۇقىرىقى مەسىلىلەرگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى ھەم خەلق ئىشلىرى نازارىتى، ش ئۇ ئا ر مائارىپ كومىتېتى قاتارلىق تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرىدىن ئالاقىدار مەسىلىلەرنى سۈرۈشتۈردى.

ۋەن فېڭ

## تۆۋەن دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ نەق چوتى ئۈستىدىن ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىندى

ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى 1999 - يىلى خوتەن، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرى، سانجى ئوبلاستى ۋە ئۇلارغا قاراشلىق 12 ناھىيە، شەھەرنىڭ 1998 - يىللىق مالىيە نەق چوتى ئۈستىدىن ھەم دائىرىسىنى كېڭەيتىپ 386 خام چوت ئىجرا قىلغۇچى ئورۇن ئۈستىدىن ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خوتەن، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ شۇ يىللىق مالىيە خام چوتى ئىچى ۋە سىرتىدىكى مالىيە كۆچىنى تەقسىم قىلىش ئەھۋالىنى مەخسۇس تەپتىشلىك قىلدى ۋە تەكشۈردى. 2 ۋىلايەت، بىر ئوبلاست ئۈستىدىن تەپتىشلىك قىلىش جەريانىدا ئىنتىزامغا خىلاپ 171 مىليون 828 مىڭ 800 يۈەن پۇلنى ئېنىقلاپ چىقتى (بۇنىڭ ئىچىدە سانجىنىڭ 96 مىليون 669 مىڭ 600 يۈەن، تارباغاتاينىڭ 54 مىليون 131 مىڭ 200 يۈەن، خوتەننىڭ 21 مىليون 28 مىڭ يۈەن). ئۇلار مۇنداق مۇھىم مەسىلىلەرنى بايقىدى: موقۇقىدىن ھالقىغان ھالدا كېمەيتىش ۋە ئېلىش - قايتۇرۇش چارىسىنى بەلگىلەش نەتىجىسىدە خام چوت كىرىمى 21 مىليون 172 مىڭ 900 يۈەن ئازىيىپ كەتكەن؛ خەزىنىگە تاپشۇرۇشنى كىچىكتۈرۈپ 1 مىليون 942 مىڭ 100 يۈەن باج پۇلى ئىگىلىۋېلىنغان؛ ئاپتونوم رايونغا تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك 10 مىليون 22 مىڭ 400 يۈەن تاپشۇرۇلمىغان؛ باج تارماقلىرى ئۆز خىراجىتىگە بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا 2 مىليون 98 مىڭ 300 يۈەن كۆپ ئاجرىتىۋالغان؛ 29 مىليون 735 مىڭ 800 يۈەننى خام چوت كىرىمىگە كىرگۈزمىگەن 49 مىليون 378 مىڭ يۈەن چىقىم يالغاندىن كۆرسىتىلگەن (بۇنىڭ ئىچىدە ئىلگىرىكى يىللاردا يالغاندىن كۆرسىتىلگەن چىقىم 11 مىليون 709 مىڭ يۈەن)؛ مەخسۇس مەبلەغدىن 1 مىليون 749 مىڭ 300 يۈەن يۆتكەپ ئىشلىتىۋېلىنغان؛ 4 مىليون 508 مىڭ يۈەن بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا خام چوت چىقىمىغا كىرگۈزۈلۈپ مەلۇم قىلىنغان؛ خام چوت سىرتىدىكى 29 مىليون 161 مىڭ 800 يۈەن مەبلەغ مەخسۇس ساقلاپ باشقۇرۇشقا تاپشۇرۇلمىغان. ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى يۇقىرىقى مەسىلىلەرنى ئالاقىدار مالىيە قانۇن - بەلگىلىمىلىرى بويىچە بىر تەرەپ قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 3 مىليون 330 مىڭ 100 يۈەن تاپشۇرتقۇزۇلدى، 2 مىليون 4000 يۈەن جەرىمانە قويۇلدى، شۇ يىلى ئاپتونوم رايون مالىيىسىگە 283 مىڭ يۈەن تاپشۇرۇلدى.

دېي جۈن

## مالىيە مەخسۇس مەبلىغى ئۈستىدىن ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىندى

ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى 1999 - يىلى ھەر دەرىجىلىك ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئورگانلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ مائارىپ كەسپىي خىراجىتى، ئاپتونوم رايوننىڭ ۋە بىر قىسىم ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ بۇلغىما چىقىرىش خىراجىتى ۋە مۇھىت ئاسراش

قوشۇمچە ياردىمى مەبلىغى، بىر قىسىم ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشى مەبلىغى قاتارلىق 6 خىل مەخسۇس مەبلەغ ئۈستىدىن ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلدى.

1. مائارىپ كەسپىي خىراجىتى ۋە مەخسۇس مەبلىغىنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالى. تەپتىشلىك قىلىش جەريانىدا بەلگىلىمىگە خىلاپ ئىشلىتىلگەن 136 مىليون 385 مىڭ 800 يۈەن ئېنىقلاندى. ئاساسلىق ئەھۋاللار تۆۋەندىكىچە: ئالتاي ۋىلايىتى، سانجى ئوبلاستى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى مالىيە، مائارىپ تارماقلىرى 126 مىليون 639 مىڭ يۈەن مائارىپ كەسپىي خىراجىتىنى ۋاقتىدا بەرمىگەن ياكى بەرمىگەن؛ 6 مىليون 548 مىڭ 800 يۈەن مائارىپ خىراجىتىنى قىسىۋالغان ۋە ئىشلىتىۋالغان، 3 مىليون 198 مىڭ يۈەن چىقىمنى يالغاندىن كۆرسەتكەن؛ پۇل ئىشلەتكۈچى 584 ئورۇن ئۈستىدىن ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىنغاندا، ئۇلارنىڭ مائارىپ كەسپىي خىراجىتى چىقىمىنىڭ قۇرۇلمىسى نامۇۋاپىق بولۇپ چىققان، ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى ۋە ۋىلايەت، ناھىيە دەرىجىلىك ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئورگانلىرى ئالاقىدار قانۇن - نىزاملار بويىچە بىر تەرەپ قىلىپ ۋە جازالاپ، 6 مىليون 548 مىڭ يۈەن مەبلەغنى قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى، 550 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويدى.

2. مۇھىت ئاسراش تارماقلىرىنىڭ بۆلغىما چىقىرىش خىراجىتى كىرىمى ۋە مۇھىت ئاسراش مەبلىغىنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالى. تەپتىشلىك قىلىش جەريانىدا مالىيىگە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك 6 مىليون 110 مىڭ 700 يۈەن بۆلغىما چىقىرىش خىراجىتى كىرىمىنىڭ تاپشۇرۇلمىغانلىقى، بەلگىلىمە، ئىنتىزامغا خىلاپ ھالدا 4 مىليون 230 مىڭ 400 يۈەن مەبلەغنىڭ قىسىۋېلىنغانلىقى، ئىشلىتىۋېلىنغانلىقى، خەجلىۋېلىنغانلىقى، يالغاندىن چىقىم قىلىنغان قىلىپ كۆرسىتىلگەنلىكى ۋە باشقىلار ئېنىقلاندى.

3. 18 ناھىيە، شەھەرنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشى مەبلىغىنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالى. تەپتىشلىك قىلىش جەريانىدا ناھىيە، شەھەردە شەھەر قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلىدىغان مەخسۇس مەبلەغنى قىسىۋېلىش، ئۆزدۈللۈق خەجلىۋېتىش، ئورۇنلار، شەخسلەرگە قالايمىقان سېلىق سېلىش، مەبلەغ جۇغلاش قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئىنتىزامغا خىلاپ مەسىلىلەر ئېنىقلاندى.

4. شۇ دەرىجىلىك خام چوتنى ئىجرا قىلغۇچى 40 ئورۇننىڭ ھۆكۈمەت خاراكتېرلىك سېتىۋېلىش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى. تەكشۈرۈشتە سېتىۋېلىشنى تىزگىنلەش رەسمىيىتىنى ئۆتىمەي تۇرۇپ، مەخسۇس تىزگىنلىنىدىغان تاۋارلارنى سېتىۋېلىش، ئۆلچەمدىن يۇقىرى ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋېلىش، سېتىۋېلىش مېخانىزمى مۇكەممەل بولماسلىقتا ئوخشاش مەسىلىلەر ئېنىقلاندى.

5. دۆلەت مۈلكىنىڭ باشقۇرۇلۇش ۋە تىجارەت قىلىنىش ئەھۋالى. تەپتىشلىك قىلىش جەريانىدا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 11 ئورۇننىڭ 57 مىليون 580 مىڭ يۈەنلىك دۆلەت مۈلكىنى قولدىن چىقىرىپ قويغانلىقى، 144 ئورۇننىڭ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىپ، 53 مىليون 500 مىڭ يۈەنلىك تۇراقلىق مۈلۈكنى ئازايتىۋەتكەنلىكى، 6 ئورۇننىڭ تىجارەت خاراكتېرلىك مۈلۈكنى يالغاندىن 18 مىليون 500 مىڭ يۈەن ئاشقان مەبلەغ كىرىمىنى 4 مىليون 490 مىڭ يۈەن كېمىيىپ كەتكەن قىلىپ كۆرسەتكەنلىكى ئېنىقلاندى.

6. ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيە دەرىجىلىك ئۆي مەبلىغىنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالىنى تەپتىشلىك قىلىش جەريانىدا 24 مىليون 480 مىڭ يۈەن ئۆي مەبلىغىنىڭ قىسىۋېلىنغانلىقى، ئىشلىتىۋېلىنغانلىقى، 8 مىليون 40 مىڭ يۈەن ئۆي مەبلىغىنىڭ بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا ئۆتنە بېرىپ تۇرۇلغانلىقى، 2 مىليون 490 مىڭ يۈەن ئۆي مەبلىغىنىڭ مەمۇرىي، كەسپىي خىراجەتلەرنى تولۇقلاشقا ئىشلىتىلگەنلىكىگە ئوخشاش مەسىلىلەر ئېنىقلاندى.

ئىقتىسادىي تەپتىشلىك خىزمىتى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، 26 مىليون 380 مىڭ يۈەن مەبلەغ قايتۇرۇۋېلىندى.

ۋەن فېڭ

## دۆلەت خەزىنىسى ئۈستىدىن ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىندى

ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك دۆلەت خەزىنىسىنىڭ 1998 - يىلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك خام چوت مەبلىغىنى كىرىم قىلىش، چىقىم قىلىش، ئايرىش، قالدۇرۇش، تاپشۇرۇش ۋە نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش ئەھۋالى ئۈستىدىن ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلدى ھەم 6 ئاساسىي قاتلام دۆلەت خەزىنىسى تارمىقى ۋە ئۇلارنىڭ كىرىم قوبۇل قىلىش ئورنى، تىجارەت بۆلۈمىنى تەكشۈرۈپ بەلگىلىمىگە خىلاپ بىر تەرەپ قىلىنغان 44 مىليون 940 مىڭ يۈەننى ئېنىقلىدى. ئېنىقلانغان مۇھىم مەسىلىلەر تۆۋەندىكىچە: بىر قىسىم ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك مەركىزىي تارماق خەزىنىلەرنىڭ «يەر ئىشلىتىش بېجى»، «ئارىلاش خەزىنە»نىڭ تەسىرىدە 1998 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيە كىرىمى 130 مىڭ يۈەن ئازىيىپ كەتكەن، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق مەركىزىي تارماق خەزىنىلەر بەلگىلەنگەن قېتىم، سان بويىچە «ئىككى باج» مەبلىغىنى ئايرىپ بەرمىگەن، 15 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە شىخەنزە شەھىرى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر كۈنى 2 مىليون 630 مىڭ

يۈەنني ۋاقتىدا ئايرىپ بەرمىگەن، بۇ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر كۈنى خەزىنىگە كىرىپ تۇرىدىغان پۇلنىڭ 8%ىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ ئەھۋال ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مالىيە مەبلىغىنىڭ مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىغا تەسىر يەتكۈزگەن؛ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك دۆلەت خەزىنىسىنىڭ نازارىتى، باشقۇرۇشى كۈچلۈك بولمىغاچقا، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مالىيىنىڭ چىقىمى دۆلەت خەزىنىسىدىكى ئامانەت پۇلىدىن 10 مىليون 120 مىڭ يۈەن ئېشىپ كەتكەن؛ مەركەزنىڭ 34 مىليون 690 مىڭ يۈەن مەبلىغى دۆلەت خەزىنىسى بوغالتىرىيىلىك ھېسابىغا دائىر بەلگىلىمە بويىچە تۈزىتىلمىگەن؛ دۆلەت خەزىنىسى بوغالتىرىيە ئۇل خىزمىتى پۇختا ئىشلەنمىگەنلىكى ئۈچۈن بوغالتىرىيىلىك ھېسابات جەدۋەللىرى بىلەن ئىپتىدائىي دوكۇمېنتلار ئۇدۇل چىقمىغان. ئاپتونوم رايوندىكى دۆلەت خەزىنىسى تارمىقى يۇقىرىقى مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ تۈزەتتى.

لى چېڭ

## يەرلىك باجنى ئېلىش - باشقۇرۇش ئۈستىدىن ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىندى

ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك يەرلىك باجنى ئېلىش - باشقۇرۇش ۋە باج كىرىمىدىن خىراجەت ئۈچۈن پىرسەنت قالدۇرۇش ۋە قايتۇرۇش ئەھۋالى ئۈستىدىن ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلدى. ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىش ئارقىلىق تۆۋەندىكى مۇھىم مەسىلىلەر ئېنىقلاندى: 1) ش ئۇ ئا ر يەرلىك باج ئىدارىسى ھوقۇق چەكلىمىسىدىن ھالقىپ 40 مىليون 334 مىڭ يۈەن يەرلىك باجنى كېمەيتىۋەتكەن، كەچۈرۈم قىلىۋەتكەن ۋە ۋاقتىدا ئالمىغان، بۇنىڭ ئىچىدە ش ئۇ ئا ر پارتكوم يىغىنىنىڭ خاتىرىسى ۋە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى رەھبەرلىرىنىڭ يوليورۇقى، پىكىرىگە ئاساسەن باج باشقۇرۇش ھوقۇق چەكلىمىسىدىن ھالقىغان ھالدا تەستىقلانغان تىجارەت بېجى، مەبلەغ سېلىش يۆنىلىشىنى تەڭشەش بېجى 10 مىليون 248 مىڭ يۈەن، ش ئۇ ئا ر يەرلىك باج تارمىقىنىڭ تەستىقلىغىنى 30 مىليون 86 مىڭ يۈەن. 2) ئېلىش - باشقۇرۇشنى تەكشۈرۈش كۈچلۈك بولمىغانلىقتىن، شەھەر قۇرۇلۇشى بېجى، كارخانىلارنىڭ تاپاۋەت بېجى، مەبلەغ سېلىش بېجى قاتارلىق يەرلىك باجلاردىن 127 مىليون 200 مىڭ يۈەن قولدىن چىقىپ كەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ پولات - تۆمۈر گۇرۇھى قارمىقىدىكى ئالاقىسى قويۇق 29 شىركەتنىڭ تاپاۋەت بېجىنى يىغىپ تاپشۇرۇشى تەستىقلانغانلىقتىن، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك خام چوت كىرىمى 26 مىليون 670 مىڭ يۈەن ئازىيىپ كەتكەن؛ شىنجاڭ ياغاچ ماتېرىيال زاۋۇتى، ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق 5 چوڭ بىناكارلىق شىركىتى قاتارلىق كارخانىلارنىڭ تاپاۋەت بېجىنى يىغىپ تاپشۇرۇشى بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا ئۆز ئالدىغا تەستىقلانغانلىقتىن، ئاپتونوم رايوننىڭ خام چوت كىرىمى 16 مىليون 890 مىڭ يۈەن ئازىيىپ كەتكەن؛ ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك باج تارماقلىرى شەھەر قۇرۇلۇشى بېجى، مەبلەغ سېلىش بېجى، تىجارەت بېجى قاتارلىق يەرلىك باجلاردىن 75 مىليون 530 مىڭ يۈەننى ئالمىغان ۋە ۋاقتىدا يىغىۋالمىغان؛ مەبلەغ سېلىش بېجىنىڭ نىسبىتى نامۇۋاپىق بەلگىلەنگەنلىكتىن، 8 مىليون 110 مىڭ يۈەن باج ئاز ئېلىنغان. 3) بىر قىسىم ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك مالىيە تارماقلىرى يەرلىك باج كىرىمىنى قايرىپ قالغانلىقى، ئىگىلىۋالغانلىقى، بېسىپ قويغانلىقى، بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا خەزىنىگە قايتۇرۇۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، شۇ دەرىجىلىك كىرىمگە تەسىر يېتىپ، كىرىم 1 مىليون 160 مىڭ يۈەن ئازىيىپ كەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئاقسۇ ۋىلايىتى، بايىنغولىن ئوبلاستىدىكى ئايرىم ناھىيىلەر ئاپتونوم رايوننىڭ بەلگىلىمىسىگە ئەمەل قىلماي، ئاپتونوم رايونغا تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك 950 مىڭ يۈەن نېفىت بايلىقى بېجىنى تاپشۇرمىغان؛ ش ئۇ ئا ر يەرلىك باجنى بىۋاسىتە ئېلىش ئىدارىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك مالىيە - باج تارمىقى ماتارىپ قوشۇمچە خىراجىتى، قايتۇرۇلغان باج خىراجىتى بولۇپ 1 مىليون 980 مىڭ يۈەننى بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا خەزىنىگە قايتۇرۇۋەتكەن؛ پىچان ناھىيىلىك يەرلىك باج ئىدارىسى نېفىت بايلىقى بېجى، قايتۇرۇلغان باج خىراجىتى بولۇپ 300 مىڭ يۈەننى بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا خەزىنىگە قايتۇرۇۋېتىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ كىرىمىنى 210 مىڭ يۈەن ئازايتىۋەتكەن. ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى يۇقىرىقى مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، ئالاقىدار مالىيە قانۇن ۋە قائىدە - نىزاملار بويىچە ش ئۇ ئا ر يەرلىك باج ئىدارىسىدىن ھوقۇق چەكلىمىسىدىن ھالقىپ يەرلىك باجنى كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىشنى دەرھال تۈزىتىپ، نېسى قالغان باجلارنى ئېنىقلاشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە ئىگىلىۋالغان ئاپتونوم رايون خام چوت كىرىمىنى يىغىۋېلىش، ئىگىلىۋالغۇچىلارنى جازالاش توغرىسىدا قارار چىقاردى.

ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى خوتەن، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرى، سانجى ئوبلاستىدىكى 17 ناھىيە (شەھەر) لىك يەرلىك باج تارمىقىنىڭ باج خىراجىتىنى قايتۇرۇش ئەھۋالى ئۈستىدىن ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىپ، بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا 1 مىليون 244 مىڭ يۈەن باج خىراجىتىنى كۆپ قالدۇرۇش، مالىيە - باج تارماقلىرى مالىيە چىقىمىدىن ئاجرىتىپ بېرىشكە تېگىشلىك 2 مىليون 530 مىڭ يۈەن باج تەكشۈرۈش خىراجىتىنى بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا

قايتۇرۇۋېتىش، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەر ئۆز ئالدىغا تۈزگەن باج ئېلىش پىلانىدىكى ۋەزىپىنى ئاشۇرۇپ ئورۇندىغان باج تارماقلىرىغا بېرىشكە تېگىشلىك 6 مىليون 484 مىڭ 300 يۈەن مۇكاپات تولۇق قايتۇرۇۋېتىلگەندىن كېيىن كۆپ قىسمىنى خىزمەت بىناسى ۋە تۇرالغۇ ئۆي سېلىشقا ئىشلىتىۋېلىش، يەرلىك باج تارماقلىرى «ئۆتكۈنچى ھېسابات» تەسىس قىلىپ، يەرلىك باج كىرىمىنى كېچىكتۈرۈپ تاپشۇرۇش، بېسىپ قويۇش قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئېنىقلىدى. يۇقىرىقى مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا، ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى ئالاقىدار مالىيە قائىدە - تۈزۈملەر بويىچە ناھىيىلىك، شەھەرلىك باج تارماقلىرىنى بەلگىلىمىگە خىلاپ قىلمىشلىرى ئۈچۈن جازالاش توغرىسىدا قارار چىقاردى ھەمدە خوتەن ناھىيىلىك يەرلىك باج ئىدارىسىغا مەمۇرىي جازا بېرىپ ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەنقىدلىدى.

ۋەن فېلىڭ

## پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى ئۈستىدىن ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىندى

ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى 1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ۋىلايەتلىك، ئاپتونوم ئوبلاستلىق (شەھەرلىك) ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئورگانلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق سودا - سانائەت بانكىسى ش ئۇ ئا ر شۆبە بانكىسى سىستېمىسىنىڭ 1998 - يىللىق مۈلكى، قەرزى، زىيىنى، پايدىسىنىڭ راستلىقى، قانۇنىيلىقى ھەم ئۆزى قورغان ئىقتىسادىي گەۋدىلەرنى ئېنىقلاش ۋە ئۇلاردىن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش ئەھۋالى ئۈستىدىن ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە 1998 - يىللىق كرېدىت مەبلىغىنىڭ سۈپىتى ۋە ئېنىقلىقىنى ئارىلاپ تەكشۈردى. ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىنغان 2 مىليارد 620 مىليون يۈەن مەبلەغنىڭ 183 مىليون 587 مىڭ 800 يۈەنىدىن ئىنتىزام - بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا ئىشلىتىش مەسىلىلىرىنى، تولۇقلاپ تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك 3 مىليون 681 مىڭ 900 يۈەن باج، 622 مىڭ 100 يۈەن جەرىمانە پۇلى بارلىقىنى ئېنىقلىدى. ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىش جەريانىدا سودا - سانائەت بانكىسى ش ئۇ ئا ر شۆبە بانكىسى سىستېمىسىدا ساقلانغان تۆۋەندىكى مەسىلىلەر بايقالدى: 1) كرېدىت مۈلكىنىڭ سۈپىتى بىر قەدەر تۆۋەن، تىجارەت خەۋپخەتىرى زور، كارخانىلارنىڭ ئۆسۈمگە بوغۇلۇپ قېلىش ئەھۋالى ئېغىر، قەرز ئۆسۈمىنىڭ يىغىلىش نىسبىتى يىلدىن - يىلغا تۆۋەنلەپ، كرېدىت مۈلكىنىڭ ئەھۋالى ئېغىرلاپ كەتكەن. 2) مۈلۈكنىڭ ئېشىپ بېرىشى راست ئەمەس. 3) بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا مۈلۈك سېتىۋېلىنغان، ھېساب سىرتىدىكى مۈلۈك سانى خېلى زور. ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىش نەتىجىسى بويىچە ستاتىستىكا قىلىپ كۆرۈلگەندە، سىستېما بويىچە بىرقانچە يىلدىن بۇيان يىغىلىپ شەكىللەنگەن ھېساب سىرتىدىكى تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ قىممىتى 21 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يەتكەن. 4) باشقا مۈلۈكلەرنىڭ باشقۇرۇلۇشى قېلىپلاشمىغان، رەسمىيەتلىرى تولۇق ئەمەس، يوشۇرۇن خەۋپخەتىرى چوڭراق. 5) ئىلگىرىكى يىللاردا بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا بېرىپ تۇرۇلغان مەبلەغ ۋاقتىدا قايتۇرۇۋېلىنمىغان، بەزىلىرىنىڭ بېرىپ تۇرۇلغان ۋاقتى 10 يىلدىن ئېشىپ كەتكەن، بېرىپ تۇرۇلغان ۋاقتى ئەڭ قىسقىلىرىنىڭمۇ 5 يىلدىن ئېشىپ كەتكەن، نەتىجىدە قىسقا مۇددەتلىك ئۆتنە ئېلىپ ئۇزاق مۇددەت ئىشلىتىش ئەھۋالى شەكىللەنگەن، مەبلەغنىڭ بىر قىسمى مەبلەغ سېلىش تۈرلىرىگە ئىشلىتىلگەنلىكتىن مەبلەغنىڭ خەۋپخەتىرى ئېشىپ قايتۇرۇۋېلىش قىيىنلىشىپ كەتكەن. 6) كۆرسىتىلگەن زىيان، پايدا راست ئەمەس. بۇ ئاساسەن تۆۋەندىكى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ: ئۆسۈم كىرىمى، رەسمىيەت ھەققى كىرىمى ياكى مەبلەغ سېلىش كىرىمى كەم ھېسابلانغان؛ تەڭشەش پەرقى چىقىمى يالغاندىن كۆرسىتىلگەن ياكى قىسمەن قېلىنغان، ھېسابلاشقا تېگىشلىك ئۆسۈم ئاز ياكى كۆپ كۆرسىتىلگەن. 7) ئايرىم بانكىلار بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا تىجارەت قىلغان، ئۆز ئالدىغا «كىچىكلىك خەزىنە» ۋە ھېسابات سىرتىدىكى ھېسابات تەسىس قىلىۋالغان. 8) بانكىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىقتىسادىي گەۋدە قۇرۇۋېلىش مەسىلىسى ئېغىر، بانكىلار ئۆزلىرى قۇرغان شىركەتلەر بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈل - كېسىل ئۈزمەي، ئادەم، مالىيە، ماددىي ئەشيا جەھەتلەردىن ھېلىمۇ ئالاقىلىشىپ تۇرغان؛ بانكىلار ئۆزلىرى قۇرغان ئىقتىسادىي گەۋدىلەرگە بەرگەن قەرز پۇل ناھايىتى كۆپ بولۇپ قايتۇرۇۋېلىش قىيىن، ئۆسۈم يىغىلىپ قېلىش مەسىلىسى ئېغىر، مەبلەغنىڭ بىر قىسمى ئاللىقاچان زىيانغا ئۇچراپ بولغان.

سۇن ۋېنجۈن

## نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى ئۈستىدىن ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىندى

ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى 1999 - يىلى شىنجاڭ ۋېيخۇلياڭ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنىڭ 1 - نومۇرلۇق گېنېراتور گۇرۇپپىسى تۈرى، چۆچەك ئايرودرومى، شىمالىي شىنجاڭدىكى سۇ باشلاش قۇرۇلۇشى — «635» سۇ ئىنشائاتى تۈگۈنلۈك قۇرۇلۇشى ۋە ۋە باش غول ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى، غەربىي غول ئۆستەڭ ۋە ئاخىرىدىكى سۇ تەقسىمات ئامبىرى قۇرۇلۇشى، مەركەزنىڭ شىنجاڭدىكى بىۋاسىتە قاراشلىق 6 ئاشلىق ئامبىرى قۇرۇلۇشى

ئۆستەڭ ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلدى. ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىش ئارقىلىق ئېنىقلاندىكى، 44 مىليون 599 مىڭ 200 يۈەن مەبلەغ ئىنتىزام - بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا بىر تەرەپ قىلىنغان، بۇنىڭ ئىچىدە كۆپ كۆرسىتىلگەن قۇرۇلۇش نەق چوتى 1 مىليون 482 مىڭ 200 يۈەن، يۇقىرى بوداپ قارىغۇلارچە ھېسابلانغان مەبلەغ 161 مىڭ 800 يۈەن، قۇرۇلۇش تەننەرخىدىن قىسلمۇۋېلىنغىنى 1 مىليون 164 مىڭ 400 يۈەن، ئىشلىتىۋېلىنغان قۇرۇلۇش مەبلىغى 39 مىليون 768 مىڭ 600 يۈەن، بەلگىلىمە بويىچە ۋاقتىدا تاپشۇرۇلمىغان باج 272 مىڭ يۈەن، شىركەت قۇرۇپ قانۇنسىز تىجارەت قىلىشقا بېرىلگەن مەبلەغ 187 مىڭ 500 يۈەن. بۇلاردىن باشقا مەلۇم قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئورۇن قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ قۇرۇلۇشنى باشقىلارغا ھۆددىگە بېرىپ 1 مىليون 562 مىڭ 700 يۈەن نەپ ئالغان. ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى ئېنىقلانغان مەسىلىلەرنى ئالاقىدار مالىيە قانۇن - نىزامى بويىچە بىر تەرەپ قىلدى.

جۇ لىشيا

## دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇش ۋە دۆلەت مۈلكى تىجارىتى ئۆستىدىن ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىندى

ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى 1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر دۆلەت مۈلكى ئىدارىسىنىڭ 1998 - يىلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇش ۋە تىجارەت قىلىش ئەھۋالى ئۆستىدىن ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىپ، ئاساسەن تۆۋەندىكى مەسىلىلەرنىڭ ساقلانغانلىقىنى بايقىدى: 1) مۈلۈكچىلىك ھوقۇقىنى مەلۇم قىلماسلىق، قولدىن بېرىپ قويۇش. 1998 - يىلى 57 مىليون 580 مىڭ يۈەنلىك دۆلەت مۈلكى قولدىن بېرىپ قويۇلغان. 2) تەستىقلاتماي تۇرۇپ، دۆلەت مۈلكىنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىش. 1997 - يىلى 144 مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇن دۆلەت مۈلكى تارمىقىغا تەستىقلاتماي بىر تەرەپ قىلىپ، 53 مىليون 500 مىڭ يۈەنلىك تۇراقلىق مۈلۈكنى ئازايتىۋەتكەن. 3) 22 مىليون 990 مىڭ يۈەنلىك تىجارەت خاراكتېرلىك مۈلۈك ۋە مەبلەغ سېلىش پايدىسى ئاشقان ياكى كېمەيگەن قىلىپ كۆرسىتىلگەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشقان قىلىپ كۆرسىتىلگەن مۈلۈك 18 مىليون 500 مىڭ يۈەن، كېمەيگەن قىلىپ كۆرسىتىلگەن مەبلەغ سېلىش پايدىسى 4 مىليون 490 مىڭ يۈەن. 4) دۆلەت مۈلكى تارماقلىرى تەكشۈرۈش تەستىقلاش رەسمىيىتىنى ئەستايىدىل ئۆتىمىگەنلىكى ئۈچۈن تىجارەت خاراكتېرلىك بولمىغان 118 مىليون 810 مىڭ يۈەنلىك مۈلۈك تەستىقلىتىلمايلا تىجارەت خاراكتېرلىك مۈلۈككە ئۆزگەرتىۋېتىلگەن. 5) تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك 1 مىليون 810 مىڭ يۈەن خام چوت كىرىمى تاپشۇرۇلمىغان، بۇنىڭ ئىچىدە مۈلۈكچىلىك ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش كىرىمى 810 مىڭ يۈەن، كارخانا پايدىسى 1 مىليون يۈەن. ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى يۇقىرىقى مەسىلىلەرنى ئالاقىدار مالىيە قانۇن - نىزاملىرى بويىچە بىر تەرەپ قىلدى، جۈملىدىن تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك 1 مىليون 590 مىڭ يۈەننى شۇ يىلى ئاپتونوم رايون خەزىنىسىگە تاپشۇرۇشنى قارار قىلدى.

دەي جۈن

## يېزا ئىگىلىكىنى ئۆنۈۋېرسال ئېچىش مەبلىغى ئۆستىدىن ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىندى

ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى 1999 - يىلى 9 ۋىلايەت، ئوبلاست، 27 ناھىيىنىڭ 1997 -، 1998 - يىللىق يېزا ئىگىلىكىنى ئۆنۈۋېرسال ئېچىش مەبلىغى ئۆستىدىن ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلدى. تەپتىشلىك قىلىنغان ئورۇن 93، مەبلەغ 207 مىليون 45 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئىنتىزام - بەلگىلىمىگە خىلاپ بىر تەرەپ قىلىنغان 17 مىليون 611 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئېنىقلاندى، 233 مىڭ يۈەن مەبلەغنىڭ ئۆز ئورنىغا سېلىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى، 8 مىليون 239 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئەسلى جايىغا قايتۇرۇلدى. ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن قىلىنغان ستاتىستىكىغا قارىغاندا، 1997 -، 1998 - يىللىرى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ئۆنۈۋېرسال ئېچىشقا دۆلەت 257 مىليون 250 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىشنى پىلانلىغان، ئەمەلىيەتتە 257 مىليون 250 مىڭ يۈەن سالغان، ئاپتونوم رايون 142 مىليون 410 مىڭ يۈەن يۈرۈشلەشتۈرۈش مەبلىغى سېلىشنى پىلانلىغان، ئەمەلىيەتتە 64 مىليون 619 مىڭ يۈەن سالغان، ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىكىنى ئۆنۈۋېرسال ئېچىش ئىشخانىسى ئەمەلىيەتتە 385 مىليون 208 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ قەرز بەرگەن؛ 9 ۋىلايەت ۋە ئوبلاست يېزا ئىگىلىكىنى ئۆنۈۋېرسال ئېچىشقا 175 مىليون 130 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىشنى پىلانلىغان، ئەمەلىيەتتە 166 مىليون 110 مىڭ يۈەن سالغان، 9 مىليون 411 مىڭ يۈەن يۈرۈشلەشتۈرۈش مەبلىغى سېلىشنى پىلانلىغان، ئەمەلىيەتتە 3 مىليون 1000 يۈەن سالغان، دېمەك ئەمەلىي ئاجراتقان مەبلەغ 137 مىليون 188 مىڭ يۈەن بولغان؛ 27 ناھىيە يېزا ئىگىلىكىنى ئۆنۈۋېرسال ئېچىشقا 59 مىليون 203 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىشنى پىلانلىغان، ئەمەلىيەتتە 48 مىليون 998 مىڭ يۈەن سالغان، 8 مىليون 564 مىڭ يۈەن يۈرۈشلەشتۈرۈش مەبلىغى سېلىشنى پىلانلىغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە 3 مىليون 769 مىڭ يۈەن

سالغان، دېمەك ئەمەلىي ئاجراتقان مەبلەغ 41 مىليون 975 مىڭ يۈەن بولغان. تەپتىشلەش قىلىش ئارقىلىق مۇنداق مۇھىم مەسىلىلەر بايقالدى: دۆلەت تەرەققىيات ئىشخانىسى ئەستىقلىغان مەبلەغ سېلىش پىلانى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىنمىغان؛ تەرەققىيات مەبلىغىنى قەرەللىك توشقان ھەقلىق مەبلەغنى قايتۇرۇشقا ئىشلىتىپ كېتىش ھادىسىسى خېلى ئومۇميۈزلۈك كۆرۈلگەن؛ يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات مەبلىغىنى قىسىۋېلىش، ئىشلىتىۋېلىش ھادىسىلىرى كۆرۈلگەن؛ بىر قىسىم مەبلەغ باشقۇرۇش تارماقلىرى ۋە مەبلەغ ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارنىڭ مالىيىنى باشقۇرۇشى ۋە بوغالتىرلىق ھېساباتى بىر قەدەر ئاجىز. ھەر دەرىجىلىك ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئورگانلىرى تەپتىشلىك قىلىش جەريانىدا بايقالغان مەسىلىلەرنى ئالاقىدار مالىيە قانۇن - نىزاملىرى بويىچە بىر تەرەپ قىلدى ھەم باشقۇرۇشنى ياخشىلاش ۋە كۈچەيتىش تەكلىپىنى بەردى.

جاڭ شۇپىڭ

## نامرات ۋىلايەت، ناھىيەلەرنىڭ نامراتلارنى يۆلەش مەخسۇس مەبلىغى ئۈستىدىن ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىندى

ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى 1999 - يىلى ھەر دەرىجىلىك ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئورگانلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايوندىكى دۆلەت نامرات دەپ بېكىتكەن 25 ناھىيە، ئاپتونوم رايون نامرات دەپ بېكىتكەن 5 ناھىيىنىڭ 1997 - يىلىدىن 1999 - يىلى 6 - ئايغىچە بولغان مەزگىلدە نامراتلارنى يۆلەش مەخسۇس مەبلىغىنى ئىشلىتىش ئەھۋالى ئۈستىدىن ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلدى ھەم نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنى ئىشلىتىش ئەھۋالى ئۈستىدە ئاپتونوم رايون بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىش ئەھۋالىنى جەملىدى. ئاپتونوم رايون 1997 - يىلىدىن 1999 - يىلى 6 - ئايغىچە بولغان مەزگىلدە 9 ۋىلايەت، ئوبلاستىكى 30 نامرات ناھىيىگە 1 مىليارد 492 مىليون 813 مىڭ يۈەن نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى چۈشۈرۈپ بەرگەن، بۇنىڭ ئىچىدە تەرەققىي تاپمىغان رايونلارنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ياردەم بېرىش مەبلىغى 395 مىليون 283 مىڭ يۈەن، قۇتقۇزۇش بېرىش ئورنىغا ئىش تېپىپ بېرىش مەبلىغى 432 مىليون 340 مىڭ يۈەن، نامراتلارنى يۆلەش كرېدىت مەبلىغى 665 مىليون 190 مىڭ يۈەن. ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ 1 مىليارد 453 مىليون 111 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئىنتىزام ۋە بەلگىلىمىگە خىلاپ بىر تەرەپ قىلىنغان 217 مىليون 134 مىڭ يۈەن ئېنىقلاپ چىقىلدى. تەپتىشلىك قىلىش جەريانىدا مۇنداق ئاساسلىق مەسىلىلەر بايقالدى: ۋىلايەت، ناھىيىلەر قىسىۋالغان، ئىشلىتىۋالغان نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى 16 مىليون 558 مىڭ يۈەن، مالىيە تارماقلىرى ۋە مەسئۇل تارماقلار تۇتۇۋالغان، ئىشلىتىۋالغان، تۇرغۇزۇپ قالغان نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى 74 مىليون 225 مىڭ يۈەن، سېلىنىش تۈر يۆنىلىش ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئۆزگەرتىۋېتىلگەن نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى 14 مىليون 841 مىڭ يۈەن، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئاجرىتىپ ئىشلىتىپ كېتىلگەن مەبلەغ 1 مىليون 300 مىڭ يۈەن، يالغاندىن كۆرسىتىلگەن چىقىم 520 مىڭ يۈەن، بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا ھەقلىق ئىشلىتىشكە بېرىلگەن قۇتقۇزۇش بېرىش ئورنىغا ئىش تېپىپ بېرىش مەبلىغى 350 مىڭ يۈەن، ئىنتىزام - بەلگىلىمىلەرگە خىلاپ ھالدا ئىشلىتىلگەن نامراتلارنى يۆلەش كرېدىت مەبلىغى 94 مىليون 825 مىڭ يۈەن، ئىنتىزام - بەلگىلىمىلەرگە خىلاپ ھالدا ئىشلىتىلگەن باشقا مەبلەغ 14 مىليون 515 مىڭ يۈەن. ھەر دەرىجىلىك ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئورگانلىرى يۇقىرىقى مەسىلىلەرنى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر ۋە مالىيە قانۇن - نىزاملىرىغا ئاساسەن كەسكىن بىر تەرەپ قىلدى. ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىش ئارقىلىق ئورنىغا سېلىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلگەن مەبلەغ 11 مىليون 368 مىڭ يۈەن، جايىغا قايتۇرۇش تەلەپ قىلىنغان مەبلەغ 39 مىليون 587 مىڭ يۈەن، ئىنتىزام - بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا ئىشلىتىلگەن قەرز پۇلدىن بىر تەرەپ قىلىنغىنى 2 مىليون 632 مىڭ يۈەن، مالىيىگە تاپشۇرۇلغىنى 459 مىڭ يۈەن. بەزى ئېغىر مەسىلىلەر ئۈستىدە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىلىپ تەنقىد قىلىندى ھەم ئالاقىدار جاۋابكارلارنى جاۋابكارلىققا تارتىش تەكلىپى بېرىلدى.

لى سۇيېن

## يەرلىك دۆلەت كارخانىلىرى ئۈستىدىن ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىندى

ھەر دەرىجىلىك ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئورگانلىرى 1999 - يىلى نۇقتىلىق كارخانىلارنىڭ مالىيە كىرىم - چىقىمىنىڭ راستلىقى ئۈستىدىن ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 127 سانائەت - قاتناش كارخانىسى ئۈستىدىن ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىندى، ئۇلار ئىچىدە سانائەت كارخانىسى 114، قاتناش كارخانىسى 13. تەپتىشلىك قىلىش جەريانىدا بەلگىلىمىگە خىلاپ بىر تەرەپ قىلىنغان سوممىنىڭ 240 مىليون 930 مىڭ يۈەن ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت كارخانىلىرىنىڭ 207 مىليون 800 مىڭ يۈەن، قاتناش كارخانىلىرىنىڭ 33 مىليون 130 مىڭ يۈەن. بىر تەرەپ قىلىش جەريانىدا 34 مىليون 460 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇلدى، 206 مىليون 470 مىڭ يۈەننى تۈزىتىش بۇيرۇلدى، 4 مىليون 500 مىڭ يۈەن

مالىيىگە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك مەبلەغ قايتۇرۇشقا تېگىشلىك ئىگىلىۋېلىنغان، ئىشلىتىۋېلىنغان مەبلەغ 380 مىڭ يۈەن بەلگىلىنىگە، ئىنتىزامغا خىلاپ مەسىلىلەرنىڭ مۇھىملىرى تۆۋەندىكىچە: كىرىم ھېساباتىدا 17 مىليون 580 مىڭ يۈەن يالغاندىن كۆرسىتىلگەن، تەننەرخ ھېساباتىدا 19 مىليون 990 مىڭ يۈەن تەننەرخ چىقىمى يالغاندىن كۆرسىتىلگەن، 45 مىليون 530 مىڭ يۈەن زىيان ۋە ئىسراپچىلىق كۆرۈلگەن، پايدا يالغاندىن 29 مىليون 40 مىڭ يۈەن ئاشقان قىلىپ، 2 مىليون 330 مىڭ يۈەن كېمەيگەن قىلىپ كۆرسىتىلگەن، 2 مىليون 510 مىڭ يۈەنلىك مۈلۈك ھېسابات سىرتىغا چىقىرىۋېتىلگەن، ھېساباتتا بار 2 مىليون 250 مىڭ يۈەننىڭ ئورنى يوق.

ما يىڭخۇا

## ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى ئۈستىدىن ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىندى

ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى 1999 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 15 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى 82 ناھىيە (شەھەر)، مەركەزنىڭ شىنجاڭدىكى 13 تارمىقىغا قاراشلىق 23 ئورۇندا ياشانغانلار كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى فوندىنىڭ يىغىلىش، ئىشلىتىلىش، ساقلىنىش ئەھۋاللىرى ھەم مەركەزنىڭ 13 تارمىقىنىڭ ياشانغانلار كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى فوندىنىڭ يەرلىكنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىش ئەھۋالى ئۈستىدىن ئومۇميۈزلۈك ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلدى. تەپتىشلىك قىلىش جەريانىدا مۇنداق مۇھىم مەسىلىلەر بايقالدى: 48 مىليون 112 مىڭ يۈەن سۇغۇرتا فوندى قىسىۋېلىنغان ۋە ئىشلىتىۋېلىنغان؛ 8 ۋىلايەتتىكى 19 ناھىيە بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا سۇغۇرتا فوندىدىن 13 مىليون 713 مىڭ يۈەن باشقۇرۇش ھەققى ئاجرىتىۋالغان؛ 14 ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە شەھەردە 277 مىليون 701 مىڭ 300 يۈەن ياشانغانلار كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى فوندى تاپشۇرۇلمىغان؛ 14 ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە شەھەردە كارخانىلارغا 76 مىليون 43 مىڭ يۈەن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىقىش پۇلى بېرىلمىگەن؛ 70 مىليون 213 مىڭ يۈەن سۇغۇرتا فوندى بەلگىلىمە بويىچە مالىيە مەخسۇس ھېساباتىغا كىرگۈزۈپ باشقۇرۇلمىغان؛ مەركەزنىڭ شىنجاڭدىكى 13 تارمىقى ئىچىدە 7 تارماققا قاراشلىق 13 ئورۇن 10 مىڭ 628 ئىشچى - خىزمەتچىنى بالدۇر پېنسىيىگە چىقىرىۋېتىپ، 30 مىليون 510 مىڭ يۈەن ياشانغانلار كۈتۈنۈش پۇلىنى كۆپ چىقىم قىلغان؛ 12 تارماق ئۆلچەمنى ئۆز ئالدىغا ئۆستۈرۈپ، 40 مىليون 900 مىڭ يۈەن ياشانغانلار كۈتۈنۈش فوندىنى كۆپ چىقىم قىلغان؛ 17 تارماقنىڭ مائاش ئاساسىي سانى راست بولماسلىق تۈپەيلىدىن ياشانغانلار كۈتۈنۈش فوندى 12 مىليون 822 مىڭ يۈەن ئاز ئاجرىتىلغان. ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى يۇقىرىقى مەسىلىلەرنى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قانۇنى ۋە دۆلەتنىڭ ئالاقىدار مالىيە قانۇن - نىزاملىرى بويىچە بىر تەرەپ قىلدى. مەركەزنىڭ شىنجاڭدىكى تارماقلىرىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى بالدۇر پېنسىيىگە چىقىرىۋېتىش مەسىلىسىنى ئېنىقلىدى.

ماۋ دېجۈەن

## نامرات رايونلاردىكى مەجبۇرىيەت مائارىپى قۇرۇلۇشىغا دۆلەت بەرگەن مەخسۇس مەبلەغ ئۈستىدىن ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىندى

ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى 1999 - يىلى ئالاقىدار ۋىلايەت، ناھىيە دەرىجىلىك ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئورگانلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق ئاپتونوم رايوندىكى 9 ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە 30 نامرات ناھىيە (شەھەر) دە 1998 - يىلى «مەجبۇرىيەت مائارىپى قۇرۇلۇشى» مەبلىغىنىڭ ئەمەلىيلىشىش، ئىشلىتىلىش ۋە باشقۇرۇلۇش ئەھۋالى ئۈستىدىن مەخسۇس ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلدى. 1998 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە (ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى 2 ناھىيىنى ھېسابقا ئالمىغاندا) ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك مەبلەغ 204 مىليون 16 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئەمەلىيلەشكىنى 173 مىليون 925 مىڭ يۈەن، ئاپتونوم رايونلۇق ۋە نامرات ناھىيىلەرنىڭ ناھىيىلىك «مەجبۇرىيەت مائارىپى» ئىشخانىلىرىنىڭ مەبلەغ مەخسۇس ھېساباتىغا كىرگۈزۈلگىنى 162 مىليون 256 مىڭ يۈەن بولغان. بۇنىڭ ئىچىدە مەركەز بېرىشكە تېگىشلىك قوشۇمچە ياردەم 70 مىليون يۈەن بولۇپ، ئەمەلىيەتتە بېرىلگىنىمۇ 70 مىليون يۈەن، مەبلەغ مەخسۇس ھېساباتىغا كىرگۈزۈلگىنى 69 مىليون 725 مىڭ يۈەن بولغان؛ ئاپتونوم رايون مالىيىسىدىن ياندىشتۇرۇشقا تېگىشلىك مەبلەغ 69 مىليون يۈەن بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ياندىشتۇرۇلغىنى 64 مىليون يۈەن، مەبلەغ مەخسۇس ھېساباتىغا كىرگۈزۈلگىنى 52 مىليون 906 مىڭ يۈەن بولغان؛ ۋىلايەت، ناھىيە، يېزىلار ياندىشتۇرۇشقا تېگىشلىك مەبلەغ (مالىيە خاراكتېرىدە بولمىغان جۇغلانمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) 63 مىليون 225 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئەمەلىيەتتە مەبلەغ مەخسۇس ھېساباتىغا كىرگۈزۈلگىنى 39 مىليون 925 مىڭ يۈەن بولغان. «قۇرۇلۇش» مەبلىغىدىن چىقىم قىلىنغىنى 61 مىليون 158 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە تۇپا - تاش قۇرۇلۇشىغا چىقىم قىلىنغىنى 57 مىليون 534 مىڭ يۈەن، مەبلەغ قالدۇقى 89 مىليون 765 مىڭ يۈەن

بولغان. مۇنداق مەسىلىلەر ساقلانغان: 1) ياندىشىما مەبلەغ ۋاقتىدا نەقلەشمىگەن ھەتتا ئەمەلىيلەشمىگەن. 1998 - يىلى ئاپتونوم رايون ياندىشىتۇرۇشقا تېگىشلىك مەبلەغنىڭ 64 مىليون يۈەنى 1999 - يىلى 4 - ئايغا كەلگەندىلا ئەمەلىيلەشكەن، 5 مىليون يۈەنى تېخى ئەمەلىيلەشمىگەن، ۋىلايەت، ناھىيە، يېزىلار ياندىشىتۇرۇشقا تېگىشلىك مەبلەغنىڭ ئەمەلىيلىشىش نىسبىتى ئاران 63.1% بولغان. 2) مەخسۇس مەبلەغدىن 11 مىليون 504 مىڭ يۈەن قىسۇۋېلىنىپ مائاش تارقىتىشقا ئىشلىتىلگەن، بۇنىڭ ئىچىدە خوتەن ۋىلايەتلىك مالىيىنىڭ ئىشلىتىۋالغىنى 10 مىليون 979 مىڭ يۈەن، ئايرىم تۈرگە كىرگۈزۈلگەن ناھىيىلەرنىڭ مالىيە تارماقلىرى 200 مىڭ يۈەن مەبلەغنى بەرمەي تۇختىتىپ قويغان، مەبلەغنى مەبلەغ مەخسۇس ھېساباتىغا كىرگۈزمەي، 700 مىڭ يۈەن مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن. 3) ئايرىم تۈرگە كىرگۈزۈلگەن ناھىيىلەرنىڭ ئىش باشلانغان تۈرلىرىنىڭ كۆلىمى، مەبلەغ سېلىنغان مەكتەپلەرنىڭ سانى ئاپتونوم رايون چۈشۈرگەن پىلانغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

گاۋ سۇيپىڭ

## سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرى ئۈستىدىن ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىندى

ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى 1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئورگانلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، سوت ۋە تەپتىش مەھكىمىسى سىستېمىلىرىنىڭ 1997 - يىلدىن 1998 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى مالىيە كىرىم - چىقىمى ئەھۋالى ئۈستىدىن ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ سوت ۋە تەپتىش مەھكىمىسى سىستېمىلىرىدىكى 100 ئورۇن (بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكى 2، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر دەرىجىلىكى 15، ناھىيە دەرىجىلىكى 83) ئۈستىدىن ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىندى. ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىش جەريانىدا ئېنىقلاندىكى، بەلگىلىمە ۋە ئىنتىزامغا خىلاپ بىر تەرەپ قىلىنغان مەبلەغ 165 مىليون 126 مىڭ 200 يۈەن (تەپتىش مەھكىمىسى سىستېمىسىنىڭ 49 مىليون 370 مىڭ يۈەن، سوت مەھكىمىسى سىستېمىسىنىڭ 115 مىليون 756 مىڭ 200 يۈەن)، بۇنىڭ ئىچىدە يوشۇرۇلغان، قايرىپ قېلىنغان جەرىمانە، مۇسادىرە كىرىمى 21 مىليون 296 مىڭ 400 يۈەن (تەپتىش مەھكىمىسى سىستېمىسىنىڭ 14 مىليون 288 مىڭ 400 يۈەن، سوت مەھكىمىسى سىستېمىسىنىڭ 7 مىليون 8000 يۈەن)؛ قالايمىقان ھەق ئېلىش، جەرىمانە قويۇش، سېلىق سېلىش كىرىمى 5 مىليون79 مىڭ 300 يۈەن (تەپتىش مەھكىمىسى سىستېمىسىنىڭ 2 مىليون 735 مىڭ 500 يۈەن، سوت مەھكىمىسى سىستېمىسىنىڭ 2 مىليون 343 مىڭ 800 يۈەن)؛ خالىغانچە قىسۇۋېلىشقا، ئىشلىتىۋېلىشقا دائىر دېلودىكى سوممىسى 40 مىليون 433 مىڭ يۈەن (تەپتىش مەھكىمىسى سىستېمىسىنىڭ 14 مىليون 12 مىڭ 100 يۈەن، سوت مەھكىمىسى سىستېمىسىنىڭ 26 مىليون 419 مىڭ 900 يۈەن)، خۇپىيانە تەسىس قىلىۋالغان «كىچىك خەزىنە» سوممىسى 31 مىليون 155 مىڭ 200 يۈەن (تەپتىش مەھكىمىسى سىستېمىسىنىڭ 8 مىليون 773 مىڭ 500 يۈەن، سوت مەھكىمىسى سىستېمىسىنىڭ 22 مىليون 381 مىڭ 700 يۈەن)؛ خام چوت سىرتىدىكى مەبلەغدىن «كىرىم بىلەن چىقىمنىڭ ھېساباتى ئايرىم بولۇش» دېگەن بەلگىلىمە بويىچە ئىش قىلىنماي، مالىيە مەخسۇس ھېساباتىغا تاپشۇرۇلمىغىنى 26 مىليون 815 مىڭ 100 يۈەن (تەپتىش مەھكىمىسى سىستېمىسىنىڭ 2 مىليون 583 مىڭ 300 يۈەن، سوت مەھكىمىسى سىستېمىسىنىڭ 24 مىليون 231 مىڭ 800 يۈەن). بۇلاردىن باشقا بەلگىلىمىگە توغرا كەلمەيدىغان تالوننى ئىشلىتىپ ھەق ئېلىش، باجنى تولۇق تاپشۇرماسلىق، ئاق ھۆججەتنى ئاتچوت قىلىش، نەق پۇلنى ئۆزدۈللۈق خەجلىۋېتىش، چىقىمنى يالغاندىن كۆرسىتىش قاتارلىق يوللار بىلەن بەلگىلىمىگە خىلاپ بىر تەرەپ قىلىنغان مەبلەغ 39 مىليون 868 مىڭ 200 يۈەن. ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىنغاندىن كېيىن 10 مىليون 908 مىڭ 600 يۈەن مالىيىگە تولۇقلاپ تاپشۇرۇلدى، قىسۇۋېلىنغان، ئىشلىتىۋېلىنغان 35 مىليون 158 مىڭ 100 يۈەن مەبلەغ قايتۇرۇۋېلىندى، 2 مىليون 356 مىڭ 800 يۈەن جەرىمانە قويۇلدى ھەمدە سوت، تەپتىش سىستېمىلىرىغا رەتكە سېلىش، تۈزىتىش تەكلىپى بېرىلدى.

گې ئېنرالڭ

## خەلقئارا پۇل مۇئامىلە تەشكىلاتلىرى قەرز بەرگەن ۋە ياردەم قىلغان تۈرلەر ئۈستىدىن ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىندى

ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى 1999 - يىلى دۆلەت ئىقتىسادىي تەپتىشلىك مەھكىمىسى بەرگەن ھوقۇققا ئاساسەن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئورگانلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق دۇنيا بانكىسى قەرز بەرگەن 7 تۈر، ئاسىيا تەرەققىيات بانكىسى قەرز بەرگەن بىر تۈر ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقى ياردەم بەرگەن بىر تۈرنىڭ 1998 - يىللىق ئىجراسى ئۈستىدىن ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلدى. بۇ تۈرلەرگە 8 مىليارد 919 مىليون يۈەن خەلق پۇلى مەبلەغ سېلىش پىلانلانغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە 4 مىليارد 792 مىليون يۈەن سېلىنغان، بۇ تۈرلەرنىڭ مەزمۇنى

ماتارىپ، قاتناش، سەھىيە، مۇھىت ئاسراش، ساغلاملىق يېمەكلىكى قاتارلىق جەھەتلەرگە چېتىلىدۇ. تۈرلەر يولغا قويۇلىدىغان رايونلار نامىيلەرنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەر دەرىجىلىك ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئورگانلىرى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىش ئارقىلىق 148 پارچە تەپتىشلىك دوكلاتى يازدى، ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى مۇشۇ ئاساستا ئاپتونوم رايوندىكى تۈرلەر ئۈستىدىن ئىقتىسادىي تەپتىشلىك دوكلاتىدىن 60نى يازدى، ئۇلارنىڭ ئىككىسىنى خەنزۇچىسى بىلەن ئىنگلىزچىسىنى سېلىشتۇرۇش شەكلىدە يازدى. تۈرلەرنىڭ ئىجراسىدا مۇنداق مۇھىم مەسىلىلەر ساقلانغان: 1) يانداشما مەبلەغ ئەمەلىيلەشمىگەن تۈرلەرنىڭ 50%ىدە مۇشۇ مەسىلە مەۋجۇت. 2) قىسمەن تۈرلەرنىڭ بوغالتىرىيىلىك ئۇل خىزمىتى ئاجىز، ھېسابلاش ئۇسۇلى قېلىپلاشمىغان، ھېسابات مەزمۇنى تولۇق ئەمەس. 3) قەرز، ياردەم پۇللىرىنىڭ ئېلىنىش سۈرئىتى ئاستا. 4) تۈر مەبلىغىنىڭ ئىشلىتىلىشى مۇۋاپىق ئەمەس، بىر تەرەپتىن مەبلەغ قەرز بېرىلىپ، ھەقدارلىق زورايتىۋېلىنغان، يەنە بىر تەرەپتىن نۇرغۇن مەبلەغ قەرز ئېلىنىپ، ئۇمۇم چىقىمى يۈكلىۋېلىنغان. 5) قۇرۇلۇش سۈپىتى ۋە سۈرئىتى تەلەپنى قاندۇرالمايدۇ. 6) تۈر ماددىي ئەشيالىرىنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن سېتىۋېتىش ئەھۋالى كۆرۈلگەن. 7) خىزمەت مىقدارى يالغان مەلۇم قىلىنغان. ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئورگانلىرى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىش جەريانىدا بايقالغان مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، تۈزۈمنى چىڭىتىش قاتارلىق تەكلىپلەرنى بەردى ھەم بەزى مەسىلىلەرنى ھۆكۈمەتكە ۋە ئالاقىدار تارماقلارغا ئىنكاس قىلدى.

فېن ۋېنچاۋ

## ئىچكى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئەھۋالى

ئاپتونوم رايوننىڭ 1999 - يىللىق ئىچكى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك خىزمىتىدە مالىيە كىرىم - چىقىمىنىڭ راستلىقى، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىقتىسادىي مەسئۇلىيىتى، ئاساسىي قۇرۇلۇش نەق چوتى، ئىقتىسادىي توختام قاتارلىقلار ئۈستىدىن ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىندى. 6410 تۈر ئۈستىدىن ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىنىپ، 101 مىليون يۈەنلىك زىيان ۋە ئىسراپچىلىق ئېنىقلاپ چىقىلدى، 230 مىليون يۈەن كىرىم ئاشۇرۇلدى ۋە چىقىم تېجەلدى، ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەقىلغا مۇۋاپىق تەكلىپتىن 4600 نەچچىسى ئىشلىتىلدى. ش ئۇ ئا ر ئىچكى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك جەمئىيىتى بىر يىلدا ئاپتونوم رايون ئىچى ۋە سىرتىدا 4 قېتىم تەربىيىلەش ئۆيۈشتۇرۇپ، 150 ئادەم (قېتىم) نى تەربىيىلىدى. 21 ئىچكى تەپتىشلىك ئورنىنىڭ خىزمەت سۈپىتىنى ئارىلاپ تەكشۈردى، بۇ تەكشۈرۈشكە تېگىشلىك ئورگانلارنىڭ 30%ىنى ئىگىلەيدۇ.

سۈن چاۋشەن

# باھا خىزمىتى

## باھا خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بازارلىرىدا باھا سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز تۆۋەنلىدى. يىل ئاخىرىغىچە مال باھاسى ئۇدا 14 ئاي تۆۋەنلىدى. مۇشۇ يىلى تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى 3.8%، ئاھالىلەر ئىستېمال بۇيۇملىرى باھاسى 2.6% چۈشتى، مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسىنىڭ چۈشۈش نىسبىتى مەملىكەتنىڭكىدىن 0.8 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەن بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 31 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەر ئارىسىدا 28 - ئورۇندا، ئاھالىلەر ئىستېمال بۇيۇملىرى باھاسىنىڭ چۈشۈش نىسبىتى مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن 1.2 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەن بولۇپ، 29 - ئورۇندا تۇردى.

تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسىدا، يېمەكلىكلەر باھاسىنىڭ چۈشۈشى باھا ئومۇمىي سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىشىگە تەسىر كۆرسەتكەن ئاساسلىق ئامىل بولدى. مۇشۇ يىلى يېمەكلىكلەر باھاسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 7.2% چۈشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىقنىڭ 5.6%، ياغنىڭ 14.2%، گۆش، ئۆي قۇشلىرى، تۇخۇمنىڭ 11.1%، سۇ مەھسۇلاتلىرىنىڭ 14.8%، كۆكتاتنىڭ 10.6%، مېۋىنىڭ 8.1% چۈشتى، باشقا 13 خىل تاۋار ئىچىدە ماشىنا، ئېلېكتر مەھسۇلاتلىرىنىڭ 4.3%، زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ 4%، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىنىڭ 3.4% تۆۋەنلىدى، تۆۋەنلەش نىسبىتى خېلى چوڭ بولدى. يېزىلار بىلەن شەھەرلەرنى سېلىشتۇرغاندا، شەھەرلەردە 3.4%، يېزىلاردا 4.4% چۈشتى. يېمەكلىكلەر ئىچىدە ياغلىق دان، كۆكتات ۋە مېۋە باھاسىنىڭ چۈشۈش نىسبىتى يېزىلاردا چوڭراق بولدى، شەھەرلەردىكىگە سېلىشتۇرغاندا، ياغلىق داننىڭ 6.9، كۆكتاتنىڭ 5، مېۋىنىڭ 2.9 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەن بولدى؛ بۇلاردىن باشقا 13 خىل تاۋار ئىچىدە جۇڭگو تېبابىتى دورىلىرى، غەرب تېبابىتى دورىلىرى، كۈندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرى ۋە بىناكارلىق زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ باھاسى يېزىلاردا شەھەرلەردىكىدىن كۆرۈنەرلىك تۆۋەن بولدى، جۇڭگو تېبابىتى دورىلىرى، غەرب تېبابىتى دورىلىرىنىڭ 6.7، كۈندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ 5.7، زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ 6.5 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەن بولدى. باھا ئومۇمىي سەۋىيىسىدىكى ئۆزگىرىش رايونلار ئارا تەكشى بولمىدى. چۈشۈش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولغان چۆچەك شەھىرىدە

%7.3، قەشقەر شەھىرىدە %5.9 چۈشتى، چۈشۈش نىسبىتى ئەڭ تۆۋەن بولغان سانجى شەھىرىدە %1.9، كورلا شەھىرىدە %2.2 چۈشتى. ئاھالىلەرنىڭ ئىستېمال باھا كۆرسەتكۈچى بىلەن پارچە سېتىلىش باھا كۆرسەتكۈچىنىڭ ھەرىكەت يۆنىلىشى ئوخشاش بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە تۇرالغۇ ئۆي ۋە مۇلازىمەت تۈرلىرىنىڭ ئۆرلەش نىسبىتى يۇقىرىراق بولدى، بىر يىلدا تۇرالغۇنىڭ %10.1، مۇلازىمەتنىڭ %1.7 ئۆرلىدى، بۇنداق بولۇشىغا ئاساسەن ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەر ئۇل مۇئەسسەسەلىرى، ئۇل كەسىپلەر ۋە جامائەت پاراۋانلىقى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، باھادىكى قۇرۇلما خاراكتېرلىك زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئالىدىغان ھەقلەرنى، تۇرۇبا سۈيى باھاسىنى، دەپنە ھەققىنى ۋە يۇندا بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق مۇلازىمەت تۈرلىرىنىڭ ھەققىنى ئۆستۈرگەنلىكى سەۋەب بولدى.

باھا ئومۇمىي سەۋىيىسىنىڭ سىجىل تۆۋەنلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاساسلىق سەۋەبلەر مۇنۇلار:

1. مەھسۇلاتلارنىڭ تەننەرخى تۆۋەنلىدى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنىڭ ياخشىلىنىشى ۋە كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تىجارەت كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى ئۆسۈپ، مەھسۇلاتلارنىڭ بىرلىك تەننەرخى تۆۋەنلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دۆلەت يۈكنى يېنىكلىتىش، بازار باھاسىنى ۋە ھەق ئېلىش تەرتىپىنى رەتكە سېلىش ئۈچۈن نەچچە يۈز خىل قالايمىقان ئېلىنىدىغان ھەق ۋە قالايمىقان قوشۇۋېلىنغان باھانى ئەمەلدىن قالدۇردى، بانكىلارنىڭ ئۆسۈم نىسبىتىنى كۆپ قېتىم تۆۋەنلەتتى، تېلېفون، ئاشلىق، پاختا قاتارلىق كۆپ مىقدارلىق تاۋارلارنىڭ باھاسىنى چۈشۈردى، نەتىجىدە ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەتنىڭ تەننەرخى تۆۋەنلىدى.

2. ئومۇمىي تەمىنلەش بىلەن ئومۇمىي ئېھتىياجدا تۈپ ئۆزگىرىش بولدى. مۇتلەق كۆپ ساندىكى تاۋارلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى ئېھتىياجدىن ئېشىپ كەتتى، ئاشلىق، پاختا قاتارلىق ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ زاپىسى نورمال سەۋىيىدىن ئېشىپ كەتتى، ئادەتتىكى سانائەت مەھسۇلاتلىرى ئومۇميۈزلۈك ھەددىدىن ئارتۇق ئىشلەپچىقىرىلدى، نەتىجىدە باھا سەۋىيىسى تۆۋەنلىدى.

3. مەملىكەتتىكى چوڭ تاۋار بازارلىرى ۋە چوڭ ئوبوروت ئەندىزىسىنىڭ ئاساسى جەھەتتىن شەكىللىنىشى ھەم ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش سەۋىيىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىنىڭ دۆلەت ئىچى، سىرتىدىكى ئىقتىساد بىلەن بولغان ئالاقىسى بارغانسېرى قويۇقلاشتى، دۆلەت ئىچى، سىرتىدىكى بازارلاردا تەمىنلەش، ئېھتىياج مۇناسىۋىتى ۋە باھا ئۆزگىرىشى ئاپتونوم رايوندا باھا ئومۇمىي سەۋىيىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە بارغانسېرى بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتتى. مال باھاسىنىڭ تۆۋەنلىشى ئوبيېكتىپ جەھەتتە كەسىپ، مەھسۇلات قۇرۇلمىلىرىنىڭ تەڭشىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق، لېكىن ئۇزاققىچە سىجىل تۆۋەنلەش يېزىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئازايتىۋېتىپ، سېتىۋېلىش ئىقتىدارىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، يېزا بازارلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈشنى قىيىنلاشتۇرۇۋېتىدۇ؛ شەھەرلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، تاۋار باھاسىنىڭ ئۈزلۈكسىز چۈشۈشى كارخانىلارنىڭ تىجارىتىنى قىيىنلاشتۇرۇپ، مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ ئىشەنچىسىگە تەسىر يەتكۈزۈپ، بازاردىكى رىقابەت ئىقتىدارىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ. يۇقىرىقى ئەھۋاللار ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىغا پايدىسىز.

جاڭ دىشېڭ

## باھا باشقۇرۇش ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى باھا باشقۇرۇش تارماقلىرى باھا ئىسلاھاتىنى پائال، پۇختا ئىلگىرى سۈرۈپ، باھا تەرتىپىنى رەتكە سېلىپ، باھا ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ئادىل، تەرتىپلىك باھا شەكىللەندۈرۈش مېخانىزمىنى يېتىلدۈردى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى.

1. تەڭشەش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى كۈچەيتتى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى، باھانى تەڭشەش - تىزگىنلەش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتتى. يېڭى ۋەزىيەتنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، «باھا پىشانگىدىن پايدىلىنىپ، ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىپ، قۇرۇلمىنى ياخشىلاپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدا بىر قانچە پىكىر» تەييارلاپ ۋاقتىدا چۈشۈرۈپ، باھانىڭ بەك ئۆرلەپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەم باھا ئومۇمىي سەۋىيىسىنىڭ سىجىل تۆۋەنلىشىنى كونترول قىلىشتىن ئىبارەت قوش يۆنىلىشلىك تەڭشەش - تىزگىنلەش نىشانىدا چىڭ تۇردى؛ كونكرېت تاۋارلارنىڭ باھاسىنى باشقۇرۇشتىن بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ باھا ھەرىكىتىنى باشقۇرۇش، باھا تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇرۇشقا ئۆتۈشتە تۇرغۇن ھالەتتە باشقۇرۇشتىن ھەرىكەتچان ھالەتتە باشقۇرۇشقا ئۆتۈشتە چىڭ تۇردى. پۇل پاخاللاشقاندا ۋاقىتلىق بەلگىلەنگەن باھاغا ئارىلىشىش تەدبىرلىرى ۋە ئىستېمالنى چەكلەش سىياسەتلىرىنى بىكار قىلدى، باھاسىنى نازارەت قىلىش ۋە ئەنگە ئالدۇرۇش يولغا قويۇلغان بىر قىسىم تاۋارلارنىڭ باھاسىنى قويۇۋېتىپ، نازارەت قىلىپ، ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇش ئارقىلىق، باھا شەكىللەندۈرۈش مېخانىزمىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى. باھا نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈشنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، باھا

ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ئىشلەپچىقارغۇچىلار بىلەن ئىستېمالچىلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغدىدى.

2. بازار ئىگىلىكىنىڭ قانۇنىيىتى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، باھا شەكىللەندۈرۈش مېخانىزمىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈردى. 1999 - يىلى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ باھا ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايون چوڭراق باھا تەڭشەش تۈرىدىن 14نى ئوتتۇرىغا قويدى. باھا تارماقلىرى باھا ئىسلاھاتىدا تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياجنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىشلەپچىقارغۇچى، تىجارەتچى ۋە ئىستېمالچىلارنىڭ تۆپ مەنپەئەتىگە تەڭ ئېتىبار بەردى. بولۇپمۇ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى ۋە جامائەت ئىشلىرى باھاسىنى تەڭشەشتە ھەم مۇقىم ئۈنۈملۈك تەمىنلەشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوغدىدى، ھەم تەمىنلەش - ئېھتىياج قانۇنىيىتىگە تەڭ زور دەرىجىدە ھۆرمەت قىلدى، قويۇۋېتىش، ئۈستۈرۈش، چۈشۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈپ، قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى تېزلىتىپ، ئۈنۈملۈك تەلەپنى ئىلگىرى سۈردى. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى باھاسىنى ئىسلاھ قىلىش يولى ئۈستىدە پائال ئىزدەندى، ئاشلىقتا زاكاز باھا بىلەن قوغداش باھاسىنى تەڭ يولغا قويۇش سىياسىتىگە ئەمەل قىلدى؛ پاختا سېتىۋېلىش باھاسىنى ھۆكۈمەت بەلگىلەپ بېرىدىغان باھادىن يېتەكچى باھاغا ئۆزگەرتتى. سۇلياۋ يوپۇق ۋە ئۇنىڭ خام ئەشياسىنىڭ باھاسىنى قويۇۋەتتى، خىمىيىۋى ئوغۇتلارنىڭ سېتىلىش باھاسىنى تۆۋەنلەتتى؛ جايلاردا توك باھاسىنى ئۆستۈردى؛ ئەرزان، ئەپلىك ئۆيلەرنىڭ باھاسىنى قېلىپلاشتۇردى ۋە تۆۋەنلەتتى، ئۆي - زېمىن خوجىلىقى ھەققىنى باشقۇرۇش دائىرىسىنى كېڭەيتتى؛ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ھەق ئۆلچىمىنى ئۆستۈردى؛ تۇرۇبا سۇيى، ئاپتوبۇس بېلەت باھاسى قاتارلىق جامائەت ئىشلىرىنىڭ باھاسىنى تەڭشىدى.

3. باھا قانۇنى، تۈزۈملىرى قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، باھانى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى پائال ئىلگىرى سۈردى. باھا تارماقلىرى «باھا قانۇنى»نى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش خىزمىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇردى. ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى «ئاپتونوم رايوننىڭ دېلولارغا چېتىشلىق ماددىي بۇيۇملارغا باھا قويۇش نىزامى»نى ئېلان قىلىپ يولغا قويدى. ش ئۇ ئا ر باھا ئىدارىسى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىشىپ «ئاپتونوم رايوننىڭ ئەرزان، ئەپلىك ئۆي باھاسىنى باشقۇرۇش چارىسى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ ساياھەت، ئېكسكۇرسىيە نۇقتىلىرىنىڭ ئىشىك بېلىتى باھاسىنى باشقۇرۇش چارىسى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ ساياھەت، ئېكسكۇرسىيە نۇقتىلىرىنىڭ ئىشىك بېلىتىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش چارىسى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ ئائىلە ئېلېكتر مەھسۇلاتلىرىنى رېمونت قىلىشتا باھا قويۇش ھەرىكىتى توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ ئائىلە ئېلېكتر مەھسۇلاتلىرىنى رېمونت قىلىش ئورۇنلىرىنى دەرىجىگە ئايرىپ باشقۇرۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى»نى تۈزۈپ چىقتى ھەم باھانى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ قائىدىسىنى يەنىمۇ تولۇقلاپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، باھا ئىجراسىنىڭ قېلىپلىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

4. خىزمەت ئۇسۇلىنى ۋە خىزمەت فۇنكسىيىسىنى ياخشىلىدى. ھەر دەرىجىلىك باھا تارماقلىرىنىڭ مۇلازىمەت ئېڭى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، ئاشلىق، پاختا، تاماكا، قىزىلچا قاتارلىق ئالاھىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ تەننەرخىنى تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، تەننەرخ ۋە پايدىسىنى ۋاقتىدا، توغرا ئىگىلەپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ باھا تەدبىرى بەلگىلىشىنى ئىشەنچلىك ئاساس بىلەن تەمىنلىدى. تەننەرخنى تەكشۈرۈش، باھانى نازارەت قىلىش ئۇچۇر تورى قۇرۇلۇشىدا زور ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈردى. ئاپتونوم رايون بويىچە تەننەرخنى تەكشۈرۈش تور - پونكىتىدىن 9ى، باھا ئۇچۇرىنى نازارەت قىلىش تور - پونكىتىدىن 16سى قۇرۇلدى ھەم جۇڭگو باھا ئۇچۇر تورى بىلەن تۇتاشتۇرۇلۇپ، ئۇچۇرنىڭ تېز، ئۈنۈملۈك ۋە توغرا يوللىنىشى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، باھانى نازارەت قىلىش كۈچەيتىلدى. باھانى دەلىللەش، مۆلچەرلەش، باھاغا گۇۋاھلىق بېرىش قاتارلىق باھا كەسپىي ئىشلىرى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە دېلولارغا چېتىشلىق بۇيۇملاردىن باھاسى بېكىتىلگەنلىرى 47 مىڭغا يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %40 كۆپەيدى، سوممىسى 3 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، %50 ئاشتى. بۇلاردىن باشقا يەنە 5000 بۇيۇمنىڭ باھاسى مۆلچەرلەندى ۋە ئۇلارنىڭ باھاسى توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىلدى. ھەر دەرىجىلىك باھا قويۇش ئاپپاراتلىرى ۋە قوشۇن قۇرۇلۇشى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى. ھازىر دېلولارغا چېتىشلىق بۇيۇملارغا باھا قويغۇچى سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشكەنلەر 500گە، ئاپتونوم رايون گۇۋاھنامە بەرگەن دېلولارغا چېتىشلىق بۇيۇملارغا باھا قويغۇچى ئورۇن 93كە يەتتى.

جاڭ دىشېڭ

## باھا ئىسلاھاتى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ باھا ئىسلاھاتى بازار باھاسى ئۈزلۈكسىز تۆۋەنلەۋاتقان ۋە بازار ئېھتىياجى يېتەرلىك

### ئۆلچەملىك بۇغداينىڭ 1999 ـ يىلىدىكى سېتىۋېلىنىش باھاسى

بىرلىكى: يۈەن/كىلوگرام

| باھا رايونى | دەرىجىسى | سېتىۋېلىش باھاسى: ئارىلاشما بۇغداي | ئارىلاشما يازغى بۇغداي | ئاق كۆزگى بۇغداي | ئاق يازغى بۇغداي | قىزىل كۆزگى بۇغداي | قىزىل يازغى بۇغداي | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 ـ باھا رايونى | 1 | 1.38 | 1.33 | 1.41 | 1.36 | 1.33 | 1.27 | 1. جەدۋەلدىكى باھادا 3 ـ دەرىجە 100٪، ھەر قايسى دەرىجىلەر ئارىسىدىكى پەرق باھا 4٪ قىلىندى. 2. ھەرقايسى سورتلاردا ئۆلچەملىك ئارىلاشما كۆزگى بۇغداي 100٪، ئۆلچەملىك ئاق كۆزگى بۇغداي 100٪، ئۆلچەملىك ئاق كۆزگى بۇغدايغا قوشۇلغان باھا 2٪، ئۆلچەملىك قىزىل كۆزگى بۇغدايدىن ئېلىنغان باھا 4٪ قىلىندى. 3. ئوخشاش سورتلاردا ئۆلچەملىك كۆزگى بۇغداي 100٪، ئۆلچەملىك يازغى بۇغدايدىن ئېلىنغان باھا 4٪ قىلىندى. |
| | 2 | 1.33 | 1.28 | 1.36 | 1.31 | 1.28 | 1.23 | |
| | 3 | 1.28 | 1.23 | 1.31 | 1.26 | 1.23 | 1.18 | |
| | 4 | 1.23 | 1.18 | 1.26 | 1.21 | 1.18 | 1.13 | |
| | 5 | 1.18 | 1.13 | 1.21 | 1.16 | 1.13 | 1.09 | |
| 2 ـ باھا رايونى | 1 | 1.33 | 1.27 | 1.35 | 1.30 | 1.27 | 1.22 | |
| | 2 | 1.28 | 1.23 | 1.30 | 1.25 | 1.23 | 1.18 | |
| | 3 | 1.23 | 1.18 | 1.25 | 1.20 | 1.18 | 1.13 | |
| | 4 | 1.18 | 1.13 | 1.20 | 1.15 | 1.13 | 1.08 | |
| | 5 | 1.13 | 1.09 | 1.15 | 1.10 | 1.09 | 1.04 | |
| 3 ـ باھا رايونى | 1 | 1.27 | 1.22 | 1.30 | 1.24 | 1.22 | 1.17 | |
| | 2 | 1.23 | 1.18 | 1.25 | 1.20 | 1.18 | 1.12 | |
| | 3 | 1.18 | 1.13 | 1.20 | 1.15 | 1.13 | 1.08 | |
| | 4 | 1.13 | 1.08 | 1.15 | 1.10 | 1.08 | 1.04 | |
| | 5 | 1.09 | 1.04 | 1.10 | 1.06 | 1.04 | 0.99 | |
| 4 ـ باھا رايونى | 1 | 1.13 | 1.09 | 1.16 | 1.11 | 1.09 | 1.05 | |
| | 2 | 1.09 | 1.05 | 1.11 | 1.07 | 1.05 | 1.01 | |
| | 3 | 1.05 | 1.01 | 1.07 | 1.03 | 1.01 | 0.97 | |
| | 4 | 1.01 | 0.97 | 1.03 | 0.99 | 0.97 | 0.93 | |
| | 5 | 0.97 | 0.93 | 0.98 | 0.95 | 0.93 | 0.89 | |

بولىسغان ئەھۋالدا ئېلىپ بېرىلىدى. ئوتتۇرىغا قويۇلماقچى بولغان باھا تەڭشەش تۈرلىرىدە، ھەم بازار باھاسىنىڭ ئۆزلۈكسىز تۆۋەنلىشىنى تىزگىنلەشتە چىلىڭ تۇرۇلۇپ، ھەم تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياجنىڭ قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىنىپ، تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدىكى باھا زىددىيىتى پەسەيتىلىپ، باھا شەكىللەندۈرۈش مېخانىزمى ئۆزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. ھۆكۈمەت باشقۇرىدىغان بىر قىسىم تاۋار ۋە مۇلازىمەتنىڭ باھاسى چوڭ ھەجىمدە تەڭشەلدى.

1. دۆلەتنىڭ ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى ئومۇمىي تەلىپى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايون 6 ـ ئايدا ئاشلىق سېتىۋېلىشتا زاكاز باھاسى بىلەن قوغداش باھاسىنى تەڭ يولغا قويۇش سىياسىتىگە ئەمەل قىلىپ، ئاشلىقنىڭ سۈپەت، سورت، دەرىجە ۋە رايون پەرقلىق باھاسىنى چوڭايتتى،

ئاپتونوم رايوندا ئاشلىقنى ئولڭ باھادا سېتىشنى ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈردى. ئۈرۈمچى شەھىرى، سانجى ئوبلاستى، شىخەنزە، كۈيتۇڭ، قاراماي، شىخو شەھەرلىرى، ساۋەن، جىڭ ناھىيىلىرى، قۇمۇل شەھىرى، تۇرپان ۋىلايىتى، بايىنغولىن ئوبلاستى (چەرچەن، چاقىلىق ناھىيىلىرىدىن سىرت)، قىزىلسۇ ئوبلاستى (ئاقچى ناھىيىسىدىن سىرت)، قەشقەر، خوتەن ۋىلايەتلىرى 1 - باھا رايونى قىلىندى. بورتالا ئوبلاستى (جىڭ ناھىيىسىدىن سىرت)، تارباغاتاي ۋىلايىتى (شىخو شەھىرى، ساۋەن ناھىيىسىدىن سىرت)، ئالتاي ۋىلايىتى، ئاراتۇرۇك، چەرچەن، چاقىلىق ناھىيىلىرى، ئاقسۇ ۋىلايىتى، ئاقچى ناھىيىسى 2 - باھا رايونى قىلىندى. ئىلى ۋىلايىتى (موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىدىن سىرت) 3 - باھا رايونى قىلىندى. موڭغۇلكۈرە، باركۆل ناھىيىلىرى 4 - باھا رايونى قىلىندى.

2. 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى پاختىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسىدا ھۆكۈمەت باھا بېكىتىپ بېرىشتىن يېتەكچى باھانى يولغا قويۇشقا ئۆزگەرتىلدى ھەم دەرىجە باھا پەرقى كېڭەيتىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ پاختا سېتىۋېلىش سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

3. قىزىلچا، ياغلىق دانىنىڭ سېتىۋېلىنىش يېتەكچى باھاسى چۈشۈرۈلدى. 1999 - يىلى يېڭى قىزىلچا سېتىۋېلىش مەزگىلىدىن باشلاپ، قىزىلچىنىڭ سېتىۋېلىنىش ئۆلچەملىك باھاسى ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر توننا 266 يۈەندىن 240 يۈەنگە؛ توختام بويىچە سېتىۋېلىنىدىغان ھەر كىلوگرام قىچا، ياغ گازىرى (ئوتتۇرا دەرىجىلىك) نىڭ سېتىۋېلىنىش يېتەكچى باھاسى 2.4 يۈەندىن 2.2 يۈەنگە، ھەر كىلوگرام قىچا (ئوتتۇرا دەرىجىلىك) يېغىنىڭ سېتىۋېلىنىش يېتەكچى باھاسى 7.5 يۈەندىن 6.8 يۈەنگە، ھەر كىلوگرام ئاپتاپپەرەس يېغى (ئوتتۇرا دەرىجىلىك) نىڭ سېتىۋېلىنىش يېتەكچى باھاسى 6.85 يۈەندىن 6.3 يۈەنگە چۈشۈرۈلدى.

4. 8 - ئاينىڭ 25 - كۈنى سۈلياۋ يوپۇق ۋە ئۇنىڭ خام ئەشياسىنىڭ باھاسىنى قويۇۋېتىپ، ھۆكۈمەت باھاسى، ھۆكۈمەتنىڭ يېتەكچى باھاسىنى يولغا قويماسلىق، ئۇلارنىڭ باھاسىنى ئىشلەپچىقارغۇچى ۋە ساتقۇچى كارخانىلار بازارغا قاراپ بەلگىلەش قارار قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ تىجارەتچىلەرنىڭ باھا ھەرىكىتى قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، دېھقانلار قويۇۋېتىلگەن سۈلياۋ يوپۇق باھاسىدىن ھەقىقىي نەپكە ئىگە قىلىندى.

5. ئاپتونوم رايوندا تۇز سانائىتى مەھسۇلاتىنىڭ مىقدارى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىگەن، تەننەرخى ئۆرلەپ، زىيان ئېغىر بولۇۋاتقان، قەرز ئېلىنغان مەبلەغ نىسبىتى بەك يۇقىرى بولغان ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن، 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ تۇزنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى تەڭشەلدى، يەنى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 50% ئەتراپىدا ئۆستۈرۈلدى ھەم تۇزنىڭ ئۇنىۋېرسال باھا پەرقى نىسبىتى ۋە يۆتكەشكە باھا قوشۇش نىسبىتى مۇۋاپىق تەڭشىلىپ، كارخانىلارنىڭ قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇپ، ھاياتىي كۈچىنى كۈچەيتىشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بېرىلدى.

6. 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئاپتونوم رايوندا خىمىيىۋى ئوغۇتنىڭ زاۋۇت باھاسى ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە بىر تۇتاش ئۇنىۋېرسال پارچە سېتىلىش باھاسى تەڭشەلدى. ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىنىڭ 2 - يۈرۈش ئۈسكۈنىلىرىدە ئىشلەپچىقىرىلغان ھەر توننا ئورېيانىڭ زاۋۇت باھاسى 1400 يۈەندىن 1300 يۈەنگە، شىنجاڭ خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتىدا ئىشلەپچىقىرىلغان ھەر توننا ئورېيانىڭ زاۋۇت باھاسى 1550 يۈەندىن 1400 يۈەنگە چۈشۈرۈلدى، پوسكام نېفىت خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىدا ئىشلەپچىقىرىلغان ئورېيانىڭ باھاسى پىلان ئىچىدىكىسى بىلەن سىرتىدىكىسى ئوخشاش قىلىندى ھەم زاۋۇت باھاسى مۇۋاپىق تەڭشەلدى، ئىلگىرى پىلان ئىچىدىكىسىنىڭ 1380 يۈەن، پىلان سىرتىدىكىسىنىڭ 1500 يۈەن بولغان بولسا، ھازىر بىردەك 1400 يۈەن قىلىندى. ھەر توننا ئورېيانىڭ ئاپتونوم رايون بويىچە بىر تۇتاش پارچە سېتىلىش باھاسى 2000 يۈەندىن 1900 يۈەنگە چۈشۈرۈلدى.

7. يېزىلاردا توك باھاسىنى ئىنقىلاپ تەرتىپىنى رەتكە سېلىش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈلگەن باھا تەڭشەش ئىمكانىيىتىدىن پايدىلىنىپ، ئېلېكتر كارخانىلىرىنىڭ قەرز دىرىنى قايتۇرۇش، ئۆسۈمنى بېرىش بېسىمىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن، 6 - ئايدىن باشلاپ ئاقسۇ، ئۈرۈمچى، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ شىمالىدىكى 4 ناھىيىسى (شەھىرى)، قەشقەر، قىزىلسۇ، غۇلجا، قاراماي قاتارلىق جايلاردىكى ئېلېكتر تورلىرىنىڭ توك باھاسى كەينى - كەينىدىن ئۆستۈرۈلۈپ، مۇۋاپىقلاشتۇرۇلدى.

8. 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى يېزا تېلېفونىنىڭ سىم ھەققى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شەھەر ۋە يېزىلاردا تېلېفون قويۇپ بېرىش ھەققى ئۆلچىمى ئاپتونوم رايون بويىچە تۆۋەنلىتىلىپ، شەھەر بىلەن يېزىدىكى ئوخشاش تورنىڭ باھاسىنى ئوخشاش قىلىشقا ھەل قىلغۇچ قەدەم تاشلاندى. شەھەر پروگراممىلىق تېلېفون قويۇپ بېرىش ھەققى مۇنداق تەڭشەلدى: ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ غەيرىي تىجارەت خاراكتېرلىك كەسپىي تېلېفونىنىڭ 1500 يۈەندىن 800 يۈەنگە چۈشۈرۈلدى، باشقا ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ (ئىشخانا ۋە ئۆي تېلېفونلىرىنىڭ ئىچىدە) ئا، ب خىل دەپ ئايرىلماي، 2000 يۈەندىن

1999 ـ يىلى گۈرۈچنىڭ توختاملىق زاكاز باھاسى

بىرلىكى: يۈەن/كىلوگرام

| باھا رايونى | دەرىجىسى | زاكاز باھا | ئىزاھات |
|---|---|---|---|
| 1 ـ باھا رايونى: ئۈرۈمچى شەھىرى، قۇمۇل ۋىلايىتى ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى ئىلى ۋىلايىتىدىن باشقا ۋىلايەت، ئوبلاست شەھەرلەر | ئۆلچەملىك 1 ـ | 2.35 | 1. جەدۋەلدىكى باھادا ئۆلچەملىك 2 ـ دەرىجىلىك گۈرۈچ 100%، ھەر قايسى دەرىجىلەر ئوتتۇرىسىدىكى باھا پەرقى 3% قىلىندى.<br>2. زاكازنىڭ سىرتىدىكى گۈرۈچ بازار باھاسى بويىچە بولدى. |
| | ئۆلچەملىك 2 ـ | 2.28 | |
| | ئۆلچەملىك 3 ـ | 2.21 | |
| 2 ـ باھا رايونى: ئىلى ۋىلايىتى، بايىنغولىن ئوبلاستى، ئاقسۇ ۋىلايىتى، قىزىلسۇ ئوبلاستى، قەشقەر، خوتەن ۋىلايەتلىرى | ئۆلچەملىك 1 ـ | 2.21 | |
| | ئۆلچەملىك 2 ـ | 2.15 | |
| | ئۆلچەملىك 3 ـ | 2.09 | |

1999 ـ يىلى قۇرۇقلۇق پاختىسىنى سېتىۋېلىش يېتەكچى باھاسى

بىرلىكى: يۈەن/50 كىلوگرام

| ئۆلچىمى | 1 ـ دەرىجە | 2 ـ دەرىجە | 3 ـ دەرىجە | 4 ـ دەرىجە | 5 ـ دەرىجە | 6 ـ دەرىجە | 7 ـ دەرىجە |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 31 مىللىمېتىر | 444 | 425.50 | 407 | 388.50 | | | |
| 29 مىللىمېتىر | 425.50 | 407 | 388.50 | 370 | | | |
| 27 مىللىمېتىر | 407 | 388.50 | 370 | 351.50 | 333 | | |
| 25 مىللىمېتىر | 388.50 | 370 | 351.50 | 333 | 314.50 | | |
| 23 مىللىمېتىر | 370 | 351.50 | 333 | 314.50 | 296 | 277.50 | 259 |

1999 ـ يىلى ئۇزۇن تالالىق پاختىنى سېتىۋېلىش يېتەكچى باھاسى

بىرلىكى: يۈەن/50 كىلوگرام

| ئۆلچىمى | 1 ـ دەرىجە | 2 ـ دەرىجە | 3 ـ دەرىجە | 4 ـ دەرىجە | 5 ـ دەرىجە |
|---|---|---|---|---|---|
| 37 مىللىمېتىر | 532.80 | 510.60 | 488.40 | | |
| 35 مىللىمېتىر | 510.60 | 488.40 | 466.20 | | |
| 33 مىللىمېتىر | 488.40 | 466.20 | 444 | 421.80 | 399.60 |

ئۈرۈمچى رايونىدىكى ئادەتتىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش ھەققى

| تۈرلەر | بىرلىكى | ئوقۇش پۇلى | بەدەل پۇلى | ئوقۇش قەرز پۇلى | ياتاق پۇلى | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | ئادەتتىكى ياتاق | ئالىي ياتاق |
| 1. تولۇق ئوتتۇرا | | | | | | |
| شەھەر ـ بازارلار | ئوقۇغۇچى، مەۋسۇم/يۈەن | 150 | | | 100 | 200 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونى | ئوقۇغۇچى، مەۋسۇم/يۈەن | 80 | | | 50 | 100 |
| پىلان سىرتىدىكى ئوقۇغۇچى | ئوقۇغۇچى مەۋسۇم/يۈەن | 1500 | | | 100 | 200 |
| 2. تولۇقسىز ئوتتۇرا | | | | | | |
| شەھەر ـ بازارلار | ئوقۇغۇچى، مەۋسۇم/يۈەن | | 60 | 1000 | | |
| دېھقانچىلىق چارۋىچىلىق رايونى | ئوقۇغۇچى، مەۋسۇم/يۈەن | | 35 | 900 | | |
| 3. باشلانغۇچ مەكتەپ | | | | | | |
| شەھەر ـ بازارلار | ئوقۇغۇچى، مەۋسۇم/يۈەن | | 45 | 800 | | |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونى | ئوقۇغۇچى، مەۋسۇم/يۈەن | | 25 | 600 | | |

1000 يۈەنگە چۈشۈرۈلدى. باشقا ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئورگان تۇرۇشلۇق شەھەرلەردە ۋە كۈيتۇڭ شەھىرىدە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ غەيرىي تىجارەت خاراكتېرلىك كەسپىي تېلېفونىنىڭ 1000 يۈەندىن 600 يۈەنگە، باشقا ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ 1500 يۈەندىن 800 يۈەنگە چۈشۈرۈلدى؛ (ناھىيە) شەھەرلەردە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ غەيرىي تىجارەت خاراكتېرلىك كەسپىي تېلېفونىنىڭ 800 يۈەندىن 500 يۈەنگە، باشقا ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ 1000 يۈەندىن 600 يۈەنگە چۈشۈرۈلدى. يانتېلېفوننىڭ تورغا كىرىش ھەققى ئۈدا 3 قېتىم چۈشۈرۈلدى، 1 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى يان تېلېفون (GSM) نىڭ 2500 يۈەندىن 1500 يۈەن ـ (SIM ئابونېنتلىرىنىڭ 200 يۈەنلىك پەرق ئېتىش كارتىسى ھەققىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) گە چۈشۈرۈلدى، 4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى 1500 يۈەندىن 1000 يۈەنگە، 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى يەنە 1000 يۈەندىن 500 يۈەنگە چۈشۈرۈلدى. چاقىرغۇنىڭ تورغا كىرىش ھەققى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

9. ئەرزان، ئەپلىك ئۆيلەرنىڭ باھاسى قېلىپلاشتۇرۇلدى ۋە چۈشۈرۈلدى ھەم ئۆي ـ زېمىن خوجىلىقى ھەققىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى كېڭەيتىلدى، باھا ھەرىكەتلىرى قېلىپلاشتۇرۇلدى.

10. 1999 ـ يىلى كۈزدە ئوقۇشقا كىرىشتىن باشلاپ، ئۈرۈمچى رايونىدا ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ھەق ئۆلچىمى ئۆستۈرۈلۈپ، مالىيە سېلىنمىسىنىڭ يېتەرسىزلىكى پەسەيتىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا رايون ئاتلاپ ئوقۇش ھەققى ۋە مەكتەپ ئالمىشىپ ئوقۇش ھەققى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

11. 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى دەپنە ھەققى تەڭشىلىپ، دەرىجىگە ئايرىپ باھا بېكىتىش يولغا قويۇلدى، دەپنە ھەققى ئاساسىي دەپنە ھەققى ۋە ئالاھىدە دەپنە ھەققى دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلدى.

12. 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئۈرۈمچى رايونىدا تۇرۇبا سۈيىنىڭ باھاسى ئۆستۈرۈلدى، ئاھالىلەر تۇرمۇشتا ئىشلىتىدىغان ھەر كۇب مېتىر سۈيىنىڭ 0.50 يۈەندىن 0.70 يۈەنگە، سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان سۇنىڭ 0.65 يۈەندىن 0.80 يۈەنگە، سودىدا ئىشلىتىلىدىغان سۇنىڭ 1.05 يۈەندىن 1.30 يۈەنگە، كۆكەرتىشتە ئىشلىتىلىدىغان سۇنىڭ 0.30 يۈەندىن 0.50 يۈەنگە، ئاساسىي قۇرۇلۇشتا

ئىشلىتىلىدىغان سۇنىڭ 1.25 يۈەندىن 1.90 يۈەنگە، ئالاھىدە مەقسەتكە ئىشلىتىلىدىغان سۇنىڭ 2.55 يۈەندىن 4.85 يۈەنگە تەڭشەلدى. ھەر كۇب مېتىرغا 0.05 يۈەندىن توفرا كېلىدىغان، سۇ مەنبەسىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇش ھەققى ۋە ئۈرۈمچىدە ئېلىنىپ كېلىنىۋاتقان تۇرۇبا سۇيى قوشۇمچە ھەققى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۈرۈمچىدە يۈەندا بىر تەرەپ قىلىش ھەققى ئېلىش باشلاندى. شەھەر مەمۇرىيىتىنىڭ يۈەندا تۇرۇبا تورىغا يۈەندا ماگىغوزغۇچىلار تۇرۇبا سۇيىنى ئەمەلىي ئىشلىتىش مىقدارىغا قاراپ ھەر كۇب مېتىرغا 0.15 يۈەندىن يۈەندا بىر تەرەپ قىلىش ھەققى تاپشۇرىدىغان بولدى.

13. 11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئۈرۈمچى رايونىدىكى ئاپتوبۇسلارنىڭ بېلەت باھاسى ئۆستۈرۈلدى، شەھەر ئىچى يوللىرىدىكى ئاپتوبۇس بېلىتىنىڭ پارچە باھاسى ھەر ئادەمنىڭ ھەر قېتىمدا دەسلەپكى 3 بېكەتكە 0.30 يۈەن بولۇش، كېيىنكى 2 بېكەتكە 0.10 يۈەندىن قوشۇلىدىغان، دەسلەپكى 4 بېكەتكە 0.30 يۈەن بولۇش، كېيىنكى ھەر 3 بېكەتكە 0.20 يۈەندىن قوشۇلىدىغان قىلىپ تەڭشەلدى؛ شەھەر ئەتراپى يوللىرىدىكى ئاپتوبۇسلارنىڭ ھەر كىلومېتىرلىق باھاسى ھەر ئادەمنىڭ 0.075 يۈەندىن 0.09 يۈەن (2%لىك سۇغۇرتا ھەققىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) گە، قوزغىلىش باھاسى 0.20 يۈەندىن 0.30 يۈەنگە تەڭشەلدى؛ ھاۋا تەڭشىگۈچلۈك ئاپتوبۇسنىڭ دەسلەپكى 3 بېكەتكە 0.50 يۈەن بولۇش، كېيىنكى ھەر 3 بېكەتكە 0.50 يۈەندىن قوشۇش دەسلەپكى 3 بېكەتكە 0.50 يۈەن بولۇش، كېيىنكى ھەربىر بېكەتكە 0.10 يۈەن قوشۇلىدىغان قىلىپ تەڭشەلدى.

14. بىر قىسىم ساياھەت، ئېكسكۇرسىيە نۇقتىلىرىنىڭ كىرىش بېلىتى باھاسى كەينى - كەينىدىن تەڭشىلىپ، ئاپتونوم رايون ساياھەتچىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

جالڭ دىشىڭ

## باھا ۋەزىيىتى ئۈستىدە تەھلىل

1. ئاپتونوم رايوندا پارچە سېتىش بازار باھاسىنىڭ ئۆرلەش نىسبىتى تۆۋەنلەپلا تۇردى. ش ئۇ ئا ر شەھەر ئىقتىسادىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ماتېرىيالىغا قاراپ ئېلىپ بېرىلغان تەھلىلگە قارىغاندا، باھانىڭ ئومۇمىيۈزلۈك، مۇقىم تۆۋەنلىشى ئاپتونوم رايوندىكى باھا ھەرىكىتىنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكى بولدى. پارچە سېتىش باھاسىنىڭ ئۆرلەش نىسبىتى 1998 - يىلى 11 - ئايدىن 1999 - يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئۇدا 14 ئاي تۆۋەنلىدى. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندا پارچە سېتىش باھاسىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3.8% چۈشۈپ، 1998 - يىلدىكىدىن 5.3 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەرلەردە 3.4% چۈشۈپ، 3 پىرسەنت پوئىنتى، يېزىلاردا 4.4% چۈشۈپ، 4.3 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى. تاۋارلارنىڭ ھەر قايسى ئايلاردىكى پارچە سېتىش باھاسىدىن قارىغاندا، باھا كۆرسەتكۈچى بىردەك چۈشتى. مۇشۇ يىلنىڭ ھەممە ئېيىدا ئومۇمىي باھا كۆرسەتكۈچىنىڭ چۈشۈش دائىرىسى 0.4% ~ 5.7% ئارىلىقىدا بولدى.

2. يېمەكلىك باھاسىنىڭ ئۈزلۈكسىز چۈشۈشى باھا ئومۇمىي سەۋىيىسىنى بىۋاسىتە تۆۋەنلىتىۋەتتى. بىر يىلدا يېمەكلىك باھاسىنىڭ چۈشۈشى ماللارنىڭ پارچە سېتىش باھاسى ئومۇمىي سەۋىيىسىنىڭ چۈشۈشىگە تەسىر كۆرسەتكەن ئاساسلىق سەۋەب بولدى. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندا يېمەكلىك باھاسى 7.4% چۈشۈپ، 1998 - يىلدىكىدىن 7.1 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەرلەردە 7.3% چۈشۈپ 7 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى، يېزىلاردا 7.6% چۈشۈپ، 7.2 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلەپ، تۆۋەنلەش نىسبىتى بىر قەدەر چوڭ بولدى. يېمەكلىك ئىچىدە ئاساسلىقى ئاشلىق، گۆش، تۇخۇم، سۇ مەھسۇلاتلىرى، كۆكتات، مېۋە قاتارلىقلار باھاسىنىڭ چۈشۈش نىسبىتى چوڭراق بولۇپ، ئاشلىقنىڭ 5.6%، گۆش - تۇخۇمنىڭ 11.1%، سۇ مەھسۇلاتلىرىنىڭ 14.8%، كۆكتاتنىڭ 10.6%، مېۋىنىڭ 8.1% چۈشتى.

1) ئاشلىقنىڭ باھاسى ئۈزلۈكسىز چۈشتى. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندا ئاشلىقنىڭ پارچە سېتىلىش باھا كۆرسەتكۈچى يىل بېشىدىكى 99.8 دىن تەدرىجىي تۆۋەنلەپ يىل ئاخىرىدا 87.4 كە چۈشتى. بىر يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 5.6% چۈشۈپ، 1998 - يىلدىكىدىن 2.8 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى. ئاپتونوم رايوندا ئاشلىق باھاسىنىڭ ئۈزلۈكسىز چۈشۈشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى مۇنۇلار: بىرىنچىدىن، ئاشلىقتىن ئۇدا نەچچە يىل مول ھوسۇل ئېلىنغانلىقتىن، تەمىنلەش ئېھتىياجدىن كۆرۈنەرلىك ئېشىپ كېتىش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. ئىككىنچىدىن، خەلقئارادا ۋە دۆلەت ئىچىدە ئاشلىق سېتىۋېلىنىش باھاسىنىڭ چۈشكەنلىكىنىڭ تەسىرىدە، ئاپتونوم رايوندىمۇ ئاشلىقنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى ئومۇمىيۈزلۈك چۈشتى، 1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندا ئاشلىقنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى 14.4% چۈشتى.

2) گۆش، تۇخۇمنىڭ باھاسى ئۈزلۈكسىز چۈشتى. ئاپتونوم رايوندا گۆش، تۇخۇمنىڭ باھاسى يىل بېشىدىن يىل ئاخىرىغىچە چۈشۈپ تۇردى. بىر يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 11.1% چۈشتى، باھانىڭ ئۆرلەش نىسبىتى 1998 - يىلدىكىدىن 4.9 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى. ئاپتونوم رايوندا قوي، كالا ئاساس قىلىنغان چارۋا - مال سودىسى يىل بېشىدىن تارتىپلا ئانچە ياخشى بولماي، باھاسى تۆۋەنلەپ

كېتىپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا چوڭ قىيىنچىلىق تۇغدۇردى.

3) كۆكتات باھاسى پەسىلنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ تۇردى، لېكىن، بىر يىللىق ئوتتۇرىچە باھا كۆرسەتكۈچى %10.6 چۈشۈپ، 1998 - يىلدىكىدىن 20.8 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى. كۆكتات باھاسىنىڭ چۈشۈشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەر مۇنۇلار: 1998 - يىلى ئەتىيازدا جۇدۇن ئۇزۇن داۋاملاشقانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاۋا تۇتۇق بولغانلىقى، بوران ئاپىتى كۆرۈلگەنلىكى ئۈچۈن، ئاپتونوم رايوننىڭ كۆكتات ئىشلەپچىقىرىشىغا تەسىر يەتكەنىدى؛ 1998 - يىلى ئىچكىرىدە ئېغىر كەلكۈن ئاپىتى يۈز بېرىپ، تۆمۈر يول، تاشيوللار بۇزۇلۇپ كەتكەچكە، ئىچكىرىنىڭ كۆكتاتلىرىنىڭ شىنجاڭغا ئېلىپ كېلىنىپ سېتىلىش مىقدارى ئازىيىپ، باھاسى ئومۇمىيۈزلۈك خېلى ئۆرلەپ كەتكەنىدى. 1999 - يىلى ھاۋا ياخشى بولۇپ، چوڭراق تەبىئىي ئاپەت يۈز بەرمىگەچكە، ئىچكىرىنىڭ كۆكتاتلىرى ۋە يەرلىك كۆكتاتلارنىڭ مەنبەسى تولۇق بولۇپ، باھاسى 1998 - يىلدىكىدىن ئومۇمىيۈزلۈك چۈشتى. ئاپتونوم رايوندا كۆكتات باھاسىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك چۈشۈشىگە يۇقىرىقىلار سەۋەب بولدى.

3. سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى ۋە ئۇنۇمىنىڭ ئېشىشى روشەن ئەسلىگە كېلىش خاراكتېرىگە ئىگە بولغانلىقتىن، 1999 - يىلى سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش باھاسى ئانچە ياخشى بولمىدى. ئاپتونوم رايوندا سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى ۋە ئۈنۈمى، 1998 - يىلدىكىدىن بىرقەدەر تۆۋەن ئاساستا ئۆرلىگەن بولۇپ، كۆرۈنەرلىك ئەسلىگە كېلىش خاراكتېرىدە بولغاچقا، ئاپتونوم رايوندا سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ سېتىلىش باھاسى ئومۇمىيۈزلۈك تۆۋەن بولدى. 13 خىل سانائەت ئىستېمال بۇيۇمىنىڭ پارچە سېتىلىش باھا كۆرسەتكۈچى ئىچىدە، 9 خىل تاۋارنىڭ باھا كۆرسەتكۈچى تۆۋەنلىدى، 2 خىلنىڭ 1998 - يىلدىكى بىلەن تەڭ بولدى، 2 خىلنىڭ ئۆرلىدى. يېمەك - ئىچمەك، تاماكا، ھاراق - شارابلارنىڭ باھا كۆرسەتكۈچى بىر يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %1.9، كىيىم - كېچەك، باش - ئاياغ كىيىملەرنىڭ %1.5، توقۇلمىلارنىڭ %3.1، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىنىڭ %3.4، ماشىنا - ئېلېكتر مەھسۇلاتلىرىنىڭ %4.3، زىبۇ - زىننەتنىڭ %4، مەدەنىيەت - تەنتەربىيە بۇيۇملىرىنىڭ %0.3، كۈندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ %0.2، بىناكارلىق - قۇرۇلۇش بېزەش ماتېرىياللىرىنىڭ %1 تۆۋەنلىدى.

4. ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى باھا ئومۇمىي سەۋىيىسىنىڭ چۈشۈش نىسبىتى ئاپتونوم رايوننىڭكى بىلەن ماس بولدى. تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدىن قارىغاندا، 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تەكشۈرۈلگەن 18 شەھەر، ناھىيىنىڭ ھەممىسى تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى چۈشكەن، چۈشۈش نىسبىتى %1.9 ~ %7.3 ئارىلىقىدا بولغان، چۆچەك شەھىرى بىلەن يەنجى ناھىيىسىدە چۈشۈش نىسبىتى چوڭراق بولۇپ، %7.3 چۈشكەن، سانجى شەھىرىدە چۈشۈش نىسبىتى ئەڭ كىچىك بولۇپ، %1.9 چۈشكەن، ئۈرۈمچى شەھىرىدە %3.5 چۈشكەن.

5. 1999 - يىلى شىنجاڭدا تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش باھا كۆرسەتكۈچى مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن 0.8 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلەپ، مەملىكەتتىكى 31 ئۆلكە (ئاپتونوم رايون)، شەھەر ئىچىدە ئارقىدىن سانىغاندا 3 - ئورۇندا تۇردى، باھا كۆرسەتكۈچىنىڭ ئۆرلىشى ئاستا بولدى. باھا كۆرسەتكۈچى ئەڭ يۇقىرى بېيجىڭ شەھىرىدىكىدىن 2.6 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەن، باھا كۆرسەتكۈچى ئەڭ تۆۋەن خۇبېي ئۆلكىسىدىكىدىن 0.3 پىرسەنت پوئىنتى يۇقىرى بولدى.

تويا

## قالايمىقان ھەقلەرنى ئېنىقلاپ، سېلىقنى يېنىكلىتىش ئەھۋالى

قالايمىقان ھەقلەرنى ئېنىقلاپ تۈزەپ، كارخانىلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش خىزمىتى — كارخانىلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش، ئاھالىلەرنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش، بازار ئېھتىياجىنى كېڭەيتىش، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ مۇھىم ھالقىسى. ھەردەرىجىلىك باھا تارماقلىرى ئېنىقلاش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى ۋە بازارنى ساپلاشتۇرۇش ئۈچۈن ياخشى باھا شارائىتى ياراتتى.

1. ھەق ئېلىش ئىجازەتنامىسىنى باشقۇرۇش چىڭىتىلدى. 1999 - يىلى جايلاردا ھەق ئېلىش ئىجازەتنامىسىنى يىللىق تەكشۈرۈش خىزمىتىنى مەركەزلىك ھالدا قانات يايدۇرۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە 20 مىڭ 300 پارچە ھەق ئېلىش ئىجازەتنامىسى تەكشۈرۈلدى، ھەقلەرگە چېتىشلىق 3 مىليارد 860 مىليون يۈەن پۇل تەكشۈرۈلدى. يىللىق تەكشۈرۈش ئارقىلىق دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى جاكارلىغان 745 تۈرلۈك ھەق ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، ئىنتىزامغا خىلاپ 2 مىليون 594 مىڭ 300 يۈەن پۇل ئېنىقلاپ چىقىلدى، 986 ھەق ئۆلچىمى تۆۋەنلىتىلىپ، كارخانا ۋە ئاممىنىڭ 91 مىليون 427 مىڭ يۈەنلىك يۈكى يېنىكلىتىلدى.

2. ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنى باشقا ئىگىلىكنىڭ

دەرىجىلىكىنى قوللاش ئۈچۈن، باھا تارماقلىرى ش ئۇ ئا ر يەككە تىجارەتچىلەر جەمئىيىتى بىلەن بىرلىشىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىككە چېتىلىدىغان ھەقلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈردى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق 31 تۈرلۈك ھەق 2 تۈركۈمگە بۆلۈپ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ ئىقتىسادىي يۈكى ھەقىقىي يېنىكلىتىلدى.

3. مائارىپ سىستېمىسىنىڭ ھەق ئېلىش ھەرىكىتى قېلىپلاشتۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 10 نەچچە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ تىپ قىلىنىپ ئۇلار ئېلىپ كېلىۋاتقان ھەقلەرنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ھەق تۈرلىرىنى تىزگىنلەش، قوبۇل قىلىنىدىغان ئوقۇغۇچى سانىغا چەك قويۇش، ھەق ئېلىش بىلەن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى ئايرىۋېتىش قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىلىپ، مەكتەپلەرنىڭ قالايمىقان ھەق ئېلىشى تىزگىنلىنىپ، ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئاتا - ئانىلارنىڭ يۈكى يېنىكلىتىلدى.

4. باھا تارماقلىرى توك باھاسى تەرتىپىنى تەكشۈرۈپ تەرتىپكە سېلىپ، بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا باھا سىرتىدا قوشۇۋېلىنغان قوشۇمچە ھەق ۋە فوند قاتارلىقلارنى ئارقا - ئارقىدىن ئەمەلدىن قالدۇردى، ئۈرۈمچى ئېلېكتىر توكى ھەر كىلوۋات سائەت توكتا باھا سىرتىدا قوشۇۋالغان 2.3 پۇڭنى ئېلىپ تاشلىدى.

5. دورا باھاسىنى تەڭشەش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، دورا باھاسى رەتكە سېلىندى. باشقا جايلاردا ئىشلەنگەن دورىلارنىڭ باھاسىنى تىزىملاش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، دورا باھاسى تەرتىپى قېلىپلاشتۇرۇلدى، بۇ دورا باھاسىنى چۈشۈرۈشتە ئىجابىي رول ئوينىدى. دورىلارنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى، تەڭشەشتىن بۇرۇنقىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 11.9% تۆۋەنلىتىلىپ، بىمارلارنىڭ يۈكى يېنىكلىتىلدى.

جاڭ دىشېڭ

## باھا نازارەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈش

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ باھا نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش خىزمىتىدە ئاساسلىقى قالايمىقان ھەقلەرنى ئېنىقلاپ، يۈكنى يېنىكلىتىش مەركەز قىلىنىپ، قاتناش، مائارىپ، تېببىي داۋالاش، دورا، خەلق ئاۋىئاتسىيىسى، تاۋار ئۆي، ئۆي - زېمىن خوجىلىقىنى باشقۇرۇش، پورت قاتارلىق كەسىپلەردە باھا ۋە ھەق تۈرلىرىنى تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلدى، باھانى ئېنىق بېكىتىشنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە تەكشۈرۈش سالمىقى ئاشۇرۇلدى، تەكشى يۈزلۈك ئەينەك، پولات ماتېرىيال، شېكەر، سېمونت قاتارلىق تاۋارلارنى تۆكمە قىلىپ ئەرزان سېتىش قىلمىشى توسۇلدى. 1) شېكەر باھاسىنى مەخسۇس تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلدى، شېكەرچىلىك كارخانىلىرىنىڭ ناتوغرا رىقابىتى تىزگىنلىنىپ، قانۇنغا خىلاپ باھا قىلمىشى جازالاندى. 2) خەلق ئاۋىئاتسىيىسى دۆلەت ئىچكى لىنىيىسىنىڭ بېلەت باھاسى مەخسۇس تەكشۈرۈلدى. خەلق ئاۋىئاتسىيە بېلىتىنى سېتىشتا ھۆكۈمەت بەلگىلەپ بەرگەن باھانى ئىجرا قىلماي بېلەت باھاسىنى چۈشۈرۈپ يامان غەرەز بىلەن رىقابەتلىشىش، ئاشكارا ھالدا ئۇستەڭ ئېلىش ۋە خالىغانچە بىر نىمە تەلەپ قىلىپ ئېلىش، رەسمىيەت بېجىرىپ بېرىش ھەققى ئېلىش ئەھۋاللىرى توسۇلدى. 3) قاتناش ھەقلىرى مەخسۇس تەكشۈرۈلدى. بىر قىسىم يەرلىك ھۆكۈمەت ۋە قاتناش تارماقلىرىنىڭ قالايمىقان ھەق ئېلىش قىلمىشى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنىپ، كارخانا ۋە ئاممىنىڭ يۈكى يېنىكلىتىلدى. باھا قانۇنىغا خىلاپ ھالدا ئېلىنغان 7 مىليون 920 مىڭ يۈەن تەكشۈرۈپ چىقىلدى، 520 مىڭ يۈەن ئىقتىسادىي جازا بېرىلدى. 4) چەتكە چېتىلىدىغان كارخانىلارنىڭ ھەق يۈكى مەخسۇس تەكشۈرۈلدى. ئىنكاس كۆپرەك بولغان جامائەت خەۋپسىزلىكى، سودا - سانائەت، باج، مۇھىت ئاسراش، قۇرۇلۇش كومىتېتى قاتارلىق 27 ئورۇن نۇقتىلىق ئارىلاپ تەكشۈرۈلۈپ، 612 مىڭ 900 يۈەن قانۇنسىز تاپاۋەت تەكشۈرۈپ چىقىلىپ، چەتتىن كەلگەن سودىگەرلەر مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتى قوغدىلىنىپ، مەبلەغ سېلىش مۇھىتى ساپلاشتۇرۇلدى. 5) بۇيرۇق بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ھەقلەر مەخسۇس تەكشۈرۈلدى: باھا قانۇنىغا خىلاپلىق 35 دېلو تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، ئۇلارنىڭ سوممىسى 12 مىليون 98 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ، ھاجەتمەنلەرنىڭ 4 مىليون 584 مىڭ يۈەن پۇلى قايتۇرۇپ بېرىلدى. 6) مائارىپ ھەقلىرى تەكشۈرۈلدى. ئاپتونوم رايوندىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر ۋە يەسلى، باللار باغچىلىرىنىڭ ھەق ئېلىش ئەھۋالى تەكشۈرۈلۈپ، 8 مىليون 586 مىڭ 500 يۈەن قانۇنسىز تاپاۋەت تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، نامۇۋاپىق ئېلىنغان 6 مىليون 408 مىڭ 200 يۈەن پۇل ئوقۇغۇچىلارغا قايتۇرۇپ بېرىلدى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە باھا قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 9376سى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، 59 مىليون 926 مىڭ 200 يۈەن قانۇنسىز تاپاۋەت تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، 35 مىليون 770 مىڭ 600 يۈەنلىك ئىقتىسادىي جازا ئىجرا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 16 مىليون 179 مىڭ يۈەن قانۇنسىز تاپاۋەت مۇسادىرە قىلىندى، 1 مىليون 645 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇلدى، 17 مىليون 946 مىڭ 600 يۈەن پۇل خېرىدارلارغا قايتۇرۇپ بېرىلدى،

17 مىليون 824 مىڭ يۈەن پۇل مالىيىگە تاپشۇرۇلدى. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىشچى - خىزمەتچىلەر باھا نازارەت قىلىش پونكىتلىرى ۋە مەھەللىلەردىكى ئاممۋى باھا نازارەت قىلىش پونكىتلىرى نازارەت قىلىش — تەكشۈرۈش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، باھا قانۇنىغا خىلاپ قىلمىش ۋە دېلودىن 9850نى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، 225 مىڭ 300 يۈەنلىك ئىقتىسادىي جازانى ئىجرا قىلدى، ئىستېمالچىلارنىڭ 15 مىڭ 900 يۈەن پۇلىنى قايتۇرۇپ بەردى، مالىيىگە 209 مىڭ 400 يۈەن تاپشۇردى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مەلۇم قىلىنغان باھا دېلوسىدىن 4495ى قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 2346سى ئۈستىدىن دېلو تۇرغۇزۇلدى، 2138ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، بىر تەرەپ قىلىنىش نىسبىتى %1. 91كە يەتتى. 31 مىليون 105 مىڭ يۈەن قانۇنسىز تاپاۋەت تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، 23 مىليون 606 مىڭ يۈەن خېرىدارلارغا قايتۇرۇپ بېرىلدى.

جالڭ دېشىڭ

# سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئەھۋالى

## سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى

ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى 1999 - يىلى گوۋۇيۈەن ۋە ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ ئۆلكە دەرىجىلىكتىن تۆۋەن سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرىنى تىك لىنىيىلىك باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى قارارىغا ئاساسەن ئاپتونوم رايوندىكى سودا - سانائەت سىستېمىسىدا تىك لىنىيىلىك باشقۇرۇش يولغا قويۇلغاندىن كېيىنكى كادىرلارنىڭ ئارخىپىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش خىزمىتىنى تاماملىدى. 15 ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ۋە شىخەنزە شەھەرلىك ئىدارىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى ئەزالىرى يېڭىۋاشتىن تەيىنلەندى، ناھىيە دەرىجىلىك ئىدارىلەرنىڭ رەھبەرلىك بەنزە ئەزالىرى تەكشۈرۈلدى. پۈتۈن سىستېمىنىڭ كادىر باشقۇرۇش ھوقۇقى چېكى ۋە ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش تەرتىپى راۋانلاشتۇرۇلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش سىستېمىسىدا مەمۇرىي خاراكتېرلىك ھەقلەرنىڭ ھەممىنى دەرىجىمۇ دەرىجە ئاپتونوم رايون مالىيىسىگە تاپشۇرۇش، خىراجەت چىقىمىنىڭ ھەممىنى ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيە خام چوتىغا كىرگۈزۈش، «كىرىم بىلەن چىقىمنىڭ ھېساباتىنى ئايرىپ» باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش ھەم مەمۇرىي خاراكتېرلىك مۇلۈكنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ يۇقىرىغا ئايرىپ بېرىپ باشقۇرۇش ۋە بازار باشقۇرۇش تارماقلىرى بىلەن سىستېما قۇرغان گەۋدىلەرنى ئايرىپ ئۆتكۈزۈپ بېرىش - ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمەتلىرى ئىشلىنىپ بولدى. ئاپتونوم رايوننىڭ سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش سىستېمىسى بويىچە يۇقىرىغا 735 مىليون يۈەن ھەرخىل مەمۇرىي خاراكتېرلىك مۈلۈك ئايرىپ بېرىلدى، ھەر دەرىجىلىك دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇش تارماقلىرىغا 460 مىليون يۈەن مۈلۈك تاپشۇرۇلدى ھەمدە سىستېمىغا قاراشلىق 98 بازار مۇلازىمەت مەركىزى، 486 بازار، 1600 خادىم سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقىدىن ئۈزۈل - كېسىل قول ئۈزدى، بازار مۇلازىمەت مەركىزى مۇستەقىل قانۇنىي ئىگە ئورۇن بولدى. بازار باشقۇرۇش تارماقلىرى بىلەن سىستېما قۇرغان گەۋدىلەر ئايرىۋېتىلگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش پونكىتلىرىنىڭ جايلىشىشىنى يېڭىۋاشتىن تەڭشەپ، ئىلگىرىكى 657 پونكىتنى 389غا بىرلەشتۈردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا پونكىتلارغا «دەسلەپكى تەكشۈرۈش ھوقۇقى، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ھوقۇقى، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقى» بېرىپ، پونكىتلارنى ئىلگىرىكىدەك ئاساسەن بازار تىجارىتىگە مۇلازىمەت قىلىشتىن ئۈزۈل - كېسىل قۇتۇلدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئاساسىي زېھنىنى بازار باشقۇرۇش ۋە مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىشقا قارىتىشقا ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇپ بېرىپ، پونكىتلارنىڭ نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش فۇنكسىيىسى ۋە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش شەكلىدە تارىخىي بۆسۈش ھاسىل قىلدى.

دېي جىچى

## كارخانىلارنى تىزىملاش

ئاپتونوم رايوندىكى سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى 1999 - يىلى يېڭى قۇرۇلغان 9834 كارخانىنى تىزىملىدى، 1429 كارخانىنىڭ تىزىمىنى ئۆزگەرتتى، 1306 كارخانىنى تىزىمدىن ئۆچۈردى. يىللىق تەكشۈرۈشكە دائىر بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغان 1867 كارخانىنى قانۇن بويىچە جازالىدى، داۋاملىق تىجارەت قىلىش سالاھىيىتى قالمىغان 1316 كارخانىغا تىزىمدىن ئۆچۈرۈش رەسمىيىتىنى ئۆتەپ بەردى، سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇشقا دائىر قانۇن - نىزاملارغا خىلاپلىق قىلغان 143 كارخانىنى B دەرىجىلىك كارخانا قىلىپ بېكىتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە مەبلىغىنى راست كۆرسەتمىگەن ياكى مەبلىغىنى قايتۇرۇۋالغان 362

كارخانىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، بۇلارغا چېتىشلىق سوممىسى 25 مىليون 600 مىڭ يۈەن بولۇپ، قانۇن بويىچە تولۇقلاشقا مۆھلەت بەلگىلەپ بېرىش ياكى تىزىمىنى ئۆزگەرتىش يولى بىلەن بىر تەرەپ قىلدى؛ «ئۈچ يوق» 966 كارخانىنى ئېنىقلاپ، ئۇلارنىڭ تىجارەت كىنىشكىسىنى قانۇن بويىچە بىكار قىلدى. ئاپتونوم رايوندىكى كارخانىلارنى تىزىملاش ئورگانلىرى قانۇن - تۈزۈمگە خىلاپ ھەرخىل دېلودىن 1896نى بىر تەرەپ قىلدى، جەرىمانە، مۇسادىرە پۇلى 1 مىليون 400 مىڭ يۈەندىن ئاشتى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 67 مىڭ 626 كارخانا، 112 مىليارد 590 مىليون يۈەن مەبلەغ تىزىملاندى، بۇنىڭ ئىچىدە كارخانا گۇرۇھى 27. داڭلىق مەھسۇلات ئىشلەپ كېلىۋاتقان «تەڭرىتاغ»، «ئىلى»، «تۇنخې»، «غەربىي يۇرت» قاتارلىق 30 كارخانا باش كۆتۈرۈپ چىقتى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە چەتكە چېتىشلىق كارخانىدىن 447سى تىزىملاندى، ئۇلار سالغان مەبلەغ 1 مىليارد 280 مىليون دوللار، تىزىملانغان چەت ئەل كاپىتالى 470 مىليون دوللار. سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى چەت ئەللىك سودىگەرلەر مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى پائال قوللاش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئادەتتىكى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى. يىللىق تەكشۈرۈش جەريانىدا مەبلىغى ئۇزاققىچە ئەمەلىيلەشمىگەن ياكى قانۇنىي گەۋدە مەۋجۇتلۇقىدىن قالغان، بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان 87 كارخانىنىڭ تىجارەت كىنىشكىسىنى قانۇن بويىچە بىكار قىلدى.

دەي جىنچى

## توختام باشقۇرۇش

ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە سېتىش - سېتىۋېلىش، ھۆددىگە ئېلىش، قۇرۇلۇش قىلىش، تېخنىكا ئۆتۈنۈپ بېرىش، ۋاستىچىلىق توختاملىرىدىن ئالدامچىلىق قىلىش قىلمىشلىرىنى، توختامدىن پايدىلىنىپ ئالدامچىلىق قىلغان ئوبوروت كارخانىلىرى ۋە ۋاستىلىق مۇلازىمەت كارخانىلىرىنى، بولۇپمۇ قايتا - قايتا توختام ئالدامچىلىقى قىلغان ئورۇن ۋە شەخسلەرنى قاتتىق جازالىدى. بىر يىلدا توختام قانۇن - تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 164نى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، ئۇلار ئىچىدە توختام ئالدامچىلىقى دېلوسى 18 بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 11% كۆپەيدى؛ دەلىللەنگەن ھەرخىل توختام 30 نەچچە مىڭ بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 35% كۆپەيدى، توختاملارغا چېتىشلىق سوممىسى 8 مىليارد 437 مىليون يۈەنگە يېتىدۇ؛ تەكشۈرگەن توختام 130 مىڭ بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 75% كۆپەيدى، توختاملارغا چېتىشلىق سوممىسى 29 مىليارد يۈەنگە يېتىدۇ. كارخانىلار رەنىگە قويغان بۇيۇملاردىن 1200 نەچچىسىنى تىزىملىدى، تىزىملانغان بۇيۇملار 1998 - يىلدىكىدىن 19% كۆپ بولدى. ئاپتونوم رايوندىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە «توختامغا ھۆرمەت قىلىپ، لەۋزىدە تۇرغان» كارخانىلارغا نام بېرىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، 527 كارخانىغا 1 — 2 يىل لەۋزىدە تۇرغان كارخانا دەپ، 479 كارخانىغا 3 — 4 يىل لەۋزىدە تۇرغان كارخانا دەپ، 462 كارخانىغا 5 يىلدىن كۆپ لەۋزىدە تۇرغان كارخانا دەپ نام بېرىلدى.

دەي جىنچى

## يەككە ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىك

ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى 1999 - يىلى يەككە ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ راۋاجلىنىشىنى زور كۈچ بىلەن قوللىدى. يەككە ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ تىجارەت دائىرىسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتتى، يەككە، خۇسۇسىي كارخانىلارنى تىزىملاش، باشقۇرۇشنى ئەسلىدىكى 8 چوڭ ساھەدىن ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بازىرى، ترانسپورت بازىرى، ئۆي - زېمىن بازىرى، ۋاستىچى قاتارلىق ۋاستىچى ئورگانلار ۋە ئۇچۇر مەسلىھەتچىلىكى، كومپيۇتېرنى قوللىنىش، يېزا باقمىچىلىقى، تېرىقچىلىقى قاتارلىقلارغا كېڭەيتتى، يەككە ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىكنى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ قايتا ئۇيۇشۇشىغا ۋە تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىشكە قاتنىشىشقا يېتەكلىدى، ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت ۋە كوللېكتىپ ئىلكىدىكى 3000دىن ئارتۇق كىچىك كارخانا يەككە ۋە خۇسۇسىي كارخانىلار تەرىپىدىن قوشۇۋېلىندى ۋە سېتىۋېلىندى. ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرى يەككە ۋە خۇسۇسىي كارخانىلاردا ساقلانغان «ئۈچ قالايمىقان» مەسىلىسىنى ئەستايىدىل ئېنىقلىدى، يەككە ۋە خۇسۇسىي كارخانىلاردىن ئېلىنىپ كەلگەن 31 تۈرلۈك نامۇۋاپىق ھەققىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەككە ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىكنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، كىنىشكىسىز تىجارەت قىلىشنى مەخسۇس تۈزەش جەريانىدا قانۇن - تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 8947نى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، كىنىشكىسىز تىجارەت قىلغۇچىلاردىن 13 مىڭدىن ئارتۇقنى ئېنىقلىدى ۋە 19 مىڭدىن ئارتۇقنى كىنىشكە بېجىرىشكە يېتەكلىدى، 5227 سىنىڭ تىجارەت كىنىشكىسىنى بىكار قىلدى، 56 مىڭىنى تىزىملىدى.

1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە

تىزىملانغان يەككە سودا - سانائەتچى 408 مىڭ 152، كەسىپكار 612 مىڭ 243، تىزىملاتقان مەبلىغى 5 مىليارد 40 مىليون يۈەن بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن ئورۇن %4.5، كەسىپكار %7، مەبلەغ %11.6 كۆپەيدى. خۇسۇسىي كارخانا 17 مىڭ 795 (تارماق ئورگانلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %41.1، مەبلەغ سالغۇچى 41 مىڭ 59غا يېتىپ، %18.1، ياللىنىپ ئىشلىگۈچى 132 مىڭ 963كە يېتىپ، %18.3، تىزىملاتقان مەبلىغى 10 مىليارد 950 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %23.6 كۆپەيدى. خۇسۇسىي كارخانا گۇرۇھى 10غا يەتتى. تىزىملاتقان مەبلىغى 1 — 5 مىليون يۈەنگىچە بولغان كارخانا 1368گە، 5 — 10 مىليون يۈەنگىچە بولغان كارخانا 176گە، 10 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغىنى 84كە، 100 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغىنى 5كە، ياللىغان ئادىمى 100 — 500دىن كۆپلىرى 24كە يەتتى.

ئاپتونوم رايوندىكى يەككە ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىك 1999 - يىلى ياراتقان مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 930 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئاپتونوم رايون سانائەت مەھسۇلات قىممىتىنىڭ %5.7ىنى ئىگىلىدى، سېتىش كىرىمى 17 مىليارد 660 مىليون يۈەنگە يەتتى، ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 10 مىليارد 940 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنى پارچە سېتىش سوممىسىنىڭ %34.2ىنى ئىگىلىدى. ئاپتونوم رايوندىكى يەككە ۋە خۇسۇسىي كارخانىلار تاپشۇرغان باج 1 مىليارد 300 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %23.3 ئېشىپ، ئاپتونوم رايون باج كىرىمىنىڭ %10.8ىنى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە يەككە سودا - سانائەتچىلەر تاپشۇرغىنى 990 مىليون يۈەن، خۇسۇسىي كارخانىلار تاپشۇرغىنى 310 مىليون يۈەن.

دېي جېچى

## بازارنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەرخىل بازار كۆپىيىپ 1430غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىستېمال بۇيۇملىرى بازىرى 1316، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بازىرى 81، ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرى بازىرى 33. ھەرخىل بازارلاردا يىللىق يۈتۈشۈش سوممىسى 18 مىليارد 840 مىليون يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىستېمال بۇيۇملىرى بازىرىدىكىسى 13 مىليارد 770 مىليون يۈەن، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بازىرىدىكىسى 2 مىليارد 30 مىليون يۈەن، ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرى بازىرىدىكىسى 3 مىليارد 40 مىليون يۈەن. تاۋار يەرمەنكىسىدىن 236سى تەكشۈرۈپ تىزىملاندى، 94ى باشقا جايلاردىن تەستىقلىنىپ كەلدى، ئۇلار ئىچىدە كارخانا قانۇنىي ئىگىسى ئۆتكۈزگىنى 179. يەرمەنكە ئۆتكۈزۈش رەسمىيىتى تولۇق ئەمەس ئورۇنلارنىڭ يەرمەنكە ئۆتكۈزۈشى قەتئىي رەت قىلىنىپ، 5ى تىزىمغا ئېلىنماي قايتۇرۇۋېتىلدى. 1999 - يىلى تاۋار بازارلىرىدا كۆرۈلگەن قانۇن - بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 10 مىڭ 196سى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، 11 مىليون 140 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە كىنىشكىسىز تىجارەت قىلىش دېلوسى 5703، دائىرىدىن ھالقىپ تىجارەت قىلىش دېلوسى 962، قالايمىقان باھا ئېچىش دېلوسى 743. ئاپتونوم رايون بويىچە يەنە ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرى بازىرىدا كۆرۈلگەن قانۇن - بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 47سى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆي - زېمىن بازىرىدىكىسى 17، ئەمگەك كۈچى بازىرىدىكىسى 23، باشقا ئامىللار بازىرىدىكىسى 7.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق توپ سېتىش بازىرىدىن 28ى قۇرۇلدى، توپ سېتىش بويىچە يۈتۈشۈش سوممىسى 210 مىليون يۈەنگە يەتتى. ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى قانۇنسىز ئاشلىق تىجارىتى دېلوسىدىن 557نى مەركەزلىك تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، دېلوغا چېتىشلىق ئاشلىق 16 مىڭ 78 توننا، دېلو قىممىتى 4 مىليون 511 مىڭ يۈەن.

ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى 1999 - يىلى ۋاستىچى بازىرىغا قاراتقان نازارەت - باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە ۋاستىچىلارنى كەسپىي لاياقەت جەھەتتىن تەربىيىلەش مەقسىتىدە 3 قارار كۇرس ئېچىلدى ۋە ۋاستىچىلاردىن ئىمتىھان ئېلىندى، ۋاستىچى لاياقىتىگە ئىگە 200 ۋاستىچىغا مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ۋاستىچى كەسپىي لاياقەتنامىسى بېرىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە يىل ئاخىرىغا قەدەر ھەرخىل ۋاستىچى لاياقەت گۇۋاھنامىسىدىن 1330ى تارقىتىلدى.

ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى ئۆي - زېمىن، ترانسپورت، مەدەنىيەت، ساياھەت، پەن - تېخنىكا، ئۇچۇر، رادىئو، خاتىرە پۇل، پوكەينى ئىجارىگە بېرىشكە ئوخشاش بازارلارنى ئاكتىپ باشقۇرۇپ، بازارلارنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىنى تېخىمۇ ۋايىغا يەتكۈزدى.

دېي جېچى

## تاۋار ماركىسى ۋە ئېلان باشقۇرۇش

ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى 1999 - يىلى شىنجاڭنىڭ داڭلىق تاۋار ماركىسىدىن 30نى تۇنجى قېتىم باھالاپ چىقتى، 2 تاۋار ماركىسىنى مەملىكەت بويىچە داڭلىق تاۋار ماركىسى قىلىشقا كۆرسەتتى،

ئۇلار ئىچىدە «تەڭرىتاغ» يۇڭ توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ «تەڭرىتاغ» ماركىسى دۆلەت تاۋار ماركىسى ئىدارىسىنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تىزىملانغان تاۋار ماركىسى 5600گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تىزىملىتىشنى يېڭىدىن ئىلتىماس قىلغان تاۋار ماركىسى 1147. تاۋار ماركىسىنى داۋاملىق تىزىملاش، ئۆزگەرتىش، ئۆتكۈزۈپ بېرىش، تىزىمدىن ئۆچۈرۈش، ئىشلىتىش ئىجازەتنامىسى توختامىنى ئەنگە ئېلىش قاتارلىق ئىلتىماستىن 280ى بېجىرىپ بېرىلدى، 177 تاۋار ماركىسى لايىھىلەپ، زىننەتلەپ بېرىلدى، بۇ 1998 - يىلدىكىدىن 54% كۆپ؛ تاۋار ماركىسىنى سۈرۈشتۈرۈپ بېرىش ئىلتىماسىدىن 1725ى بېجىرىپ بېرىلدى. ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى تاۋار بازارلىرىغا كىرىپ تاۋار ماركىلىرىنى نازارەت قىلدى ۋە باشقۇردى. تىزىملانغان تاۋار ماركىلىرىنى دەللەش ۋە تىزىملانمىغان تاۋار ماركىلىرىنى تەكشۈرۈپ تىزىملاش ھەم تاۋار ماركىسى باسقۇچى ئورۇنلارنى دەللەش ۋە تاۋار ماركىسى باسىدىغان ئورۇنلارنىڭ قانۇننى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش خىزمەتلىرىنى پائال ئىشلىدى. تاۋار ماركىسى ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىش ۋە يالغان تاۋار ماركىسى ئىشلىتىش قىلمىشلىرىغا زەربە بېرىش سالمىقىنى يەنىمۇ زورايتىپ، «نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان تاۋار ماركىلىرى تىزىمى»گە كىرگۈزۈلگەن تاۋار ماركىلىرى ۋە شىنجاڭدا تونجى قېتىم داڭلىق دەپ نام بېرىلگەن 30 تاۋار ماركىسى ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىشتەك قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلدى. چەتكە چېتىشلىق «كىبدا»، «رۇيبۇ»، «سونى» قاتارلىق ماركىلار ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىش قىلمىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلدى. بىر يىلدا تاۋار ماركىسى قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 248نى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، تاۋار ماركىسىنى پەرق ئېتىش بەلگىسىدىن 663 مىڭنى، تاۋار ماركىسىنى دەخلى - تەرۇزگە ئۇچراتقان قېلىپ، بەت قاتارلىق سايماندىن 31نى يىغىۋالدى، 284 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويدى.

ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى شىنجاڭنىڭ ئېلان كەسپى بويىچە مەنىۋى مەدەنىيلىكتە ئىلغار ئورۇنلارنى تەكشۈرۈش ۋە باھالاش، شىنجاڭدىكى A دەرىجىلىك ئېلان شىركەتلىرىنى تەكشۈرۈش، شىنجاڭدىكى ئېلان تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانىلارنىڭ سالاھىيەت دەرىجىسىنى باھالاش قاتارلىق خىزمەتلەرنى پائال ئۇيۇشتۇردى، شىنجاڭنىڭ تەشۋىقات ۋاستىلىرى ۋە ئېلان كەسپىي ساھەسىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك باشقۇرغۇچىلارنى تەربىيىلەش بويىچە 1999 - يىللىق كۇرس ئاچتى، 1999 - يىللىق شىنجاڭ خەلقئارا ئېلان تېخنىكىسى، ئۈسكۈنىلىرى ۋە مەھسۇلاتلىرى كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزدى ھەم 6 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر ئېلان ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسىگە ئەسەر قاتناشتۇرۇشنى ئۇيۇشتۇردى، ئۆمەك تەشكىللەپ، تايلاندتا ئۆتكۈزۈلگەن 2 - نۆۋەتلىك «ئاسىيا - تىنچ ئوكيان ئېلان بايرىمى»غا قاتناشتۇردى. ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى «تەشۋىقات ۋاستىلىرى ئېلانلىرىنى نازارەت قىلىش خىزمىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش» ۋە «ئېلان تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى تىزىملاشتا ئەمەل قىلىنىدىغان ئىچكى خىزمەت تەرتىپى» قاتارلىقلارنى تۈزۈپ تارقاتتى. 3 قارار ئېلان تەكشۈرگۈچىلەر كۇرسى ئېچىپ، ئېلان تەكشۈرگۈچىلەرنى يېتىشتۈردى. ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى ئېلان تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇنلارنىڭ لاياقىتىنى يىللىق تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا مەتبەئە بۇيۇم ئېلانى، باشقا جايلارنىڭ ئېلانى، تىببىي داۋالاش ئېلانى ۋە تېلېۋىزىيە ئېلانى قاتارلىقلارنى قانۇننىڭ ئىجرا قىلىنىشى نۇقتىسىدىن مەخسۇس تەكشۈردى، بىر يىلدا ئارخىپ تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان قانۇنغا خىلاپ ئېلان 685كە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 12.9% كۆپەيدى، جەرىمانە مۇسادىرە پۇلى 1 مىليون 235 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 105.9% ئاشتى. 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايوندىكى ئېلان تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇنلاردىن تىزىملاتقىنى 1104كە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 35%، ئېلان كەسپكارلىرى 7026گە يېتىپ، 8.2%، يىللىق ئېلان تىجارىتى سوممىسى 327 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 5.5% ئاشتى.

دەي جىنچى

## ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى 1999 - يىلى «ساختا تاۋارلارغا زەربە بېرىپ، دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش قىزىل قالقان قانۇن ئىجرا قىلىش ھەرىكىتى»، «100 كارخانا بىلەن بىرلىشىپ، ساختا تاۋارلارغا زەربە بېرىش ھەرىكىتى»، «نۇقتىلىق رايونلاردا، نۇقتىلىق تاۋارلاردا ساختا تاۋارلارغا زەربە بېرىپ قانۇن ئىجرا قىلىش ھەرىكىتى» ھەم «ئانا - باللارنىڭ ئىستېمال ھوقۇقىنى قوغداش ھەرىكىتى»، «ياشلار، ئۆسمۈرلەرنىڭ ھوقۇقىنى قوغداش ئورنى ھەرىكىتى» قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيەلەرنىڭ كۆپ قىسمىدا ئىستېمالچىلارنىڭ ئەرز

## شىنجاڭنىڭ داڭلىق تاۋار ماركىلىرىنىڭ ئىسمىلىكى

| تىزىملانغان ماركا | ماركا ئىشلىتىلگەن مەھسۇلاتلار | تىزىملاتقۇچى ئورۇن |
|---|---|---|
| بوغدا كۆلى | ئورېيە، سۇيۇق ئازوت، پولى ئاكرىل، نېفىت كىسلاتاسى، پولى ئېتىلېن | جۇڭگو نېفىت خىمىيە سانائىتى ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى |
| ئەپەندىم | سوپۇن پاراشوكى | شىنجاڭ ۋۇتۇڭ خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى |
| ئوسما | گىرىم بۇيۇملىرى | ئۈرۈمچى يىپەك يولى گىرىم بۇيۇملىرى زاۋۇتى |
| تەڭرىتاغ | بېنزىن، كىروسىن، دىزېل مېيى، توڭلاشتىن ساقلاش سۇيۇقلۇقى قاتارلىقلار | مايتاغ نېفىت ـ خىمىيەت سانائىتى باش زاۋۇتى |
| يىلۇڭ | بېنزىن، دىزېل مېيى، كىروسىن، يېقىلغۇ گاز، سىلىقلاش مېيى، خام ماي | قاراماي نېفىت ـ خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى |
| تېنفاڭ | تېبابەتتە ئىشلىتىلىدىغان قۇۋۋەت بۇيۇملىرى، ئىچىملىك دورا، تېبابەتتە ئىشلىتىلىدىغان قۇۋۋەت ئىچىملىكى | شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى تېنفاڭ دورا زاۋۇتى |
| تەڭرىتاغ | كەپشەر چوكىسى | شىنجاڭ تەڭرىتاغ كەپشەر چوكىسى زاۋۇتى |
| ۋۇجياچۇ | سۇ پومپىسى | شىنجاڭ پومپا زاۋۇتى |
| كۇئېنلۇن | بالون | كۇئېنلۇن پاي چەكلىك شىركىتى |
| شىنشۇ | قۇرۇق باتارېيە | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسال ئېلېكتر ماشىنىلىرى زاۋۇتى |
| بولاڭ | ئوفسېتلىق مەتبە قەغىزى، مىس تاختا مەتبە قەغىزى، فاكس قەغىزى قاتارلىق 13 تۈر | شىنجاڭ باغراش كۆلى قەغەز زاۋۇتى |
| تەڭرىتاغ | سېمونت | شىنجاڭ تەڭرىتاغ بىناكارلىق ماتېرىياللىرى گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى |
| تۇنخې | سېمونت | شىنجاڭ تۇنخې پاي چەكلىك شىركىتى |
| سەت ئۆردەك چۆجىسى | سۇلياۋ يەشىك، سۇلياۋ يوپۇق | شىنجاڭ جوجياڭ سۇلياۋ زاۋۇتى |
| قارلىق قارىغاي | پەيلىسى، سارجا، كاجى، تىۋىت شەل ياغلىق رەختى | شىنجاڭ شىخەنزە 1 ـ ئاۋغۇست يۇڭ توقۇمىچىلىق گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى |
| تەڭرىتاغ | قوي يۇڭى پوپايكىسى، قوي تىۋىتى پوپايكىسى | شىنجاڭ تەڭرىتاغ يۇڭ توقۇمىچىلىق پاي چەكلىك شىركىتى |
| ئاشەن | خۇرۇم جۇۋا، تۇماق، خۇرۇم پەلەي، خۇرۇم ئاياغ، تېرە جۇۋا، خۇرۇم كىيىملەر، ئۆتۈك | شىنجاڭ ئالتاي كۆن ـ خۇرۇم گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى |
| فاڭتىڭ | ئىلمە ـ توقۇلما كىيىملەر | ئۈرۈمچى شەھەرلىك يۇڭخۇڭ ئىلمە ـ توقۇلما بۇيۇملار باش زاۋۇتى |
| سىفاڭ | قۇم شېكەر | شىنجاڭ ئىلى شېكەر زاۋۇتى |
| غەربىي دىيار | ئۇن | ئۈرۈمچى شەھىرى 1 ـ ئاۋغۇست ئۇن زاۋۇتى |
| تەڭرىتاغ | ئۇن | سانجى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئۇن زاۋۇتى |

| | | |
|---|---|---|
| شاتو | جياڭيۇ، ئاچچىقسۇ | شىنجاڭ ۋۇجياچۇ ئاچچىقسۇ ـ جياڭيۇ زاۋۇتى |
| تەڭرىتاغ | تەمخورۇچ | شىنجاڭ شىخەنزە تەمخورۇچ زاۋۇتى |
| تيەنكاڭ | يەم ـ بوغۇز | شىنجاڭ تيەنكاڭ تېخنىكا تەرەققىيات شىركىتى |
| شىنجاڭ | پىۋا | شىنجاڭ پىۋا گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى |
| شىخو | پىۋا | شىنجاڭ شىخو پىۋا گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى |
| ئىلى | هاراق | شىنجاڭ ئىلى هاراق باش زاۋۇتى |
| سەنتەي | هاراق | شىنجاڭ سەنتەي هاراقچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى |
| قار لەيلىسى | پاپىرۇس | شىنجاڭ پاپىرۇس زاۋۇتى |
| تۇشاڭ | ماۋا قاتنىشى، ساياھەتچىلىك، پوسۇلكا ئەۋەتىش قاتارلىق 5 تۈر | شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى |

ئىزاھ: يۇقىرىقى تەرتىپ تىزىملانغان ئاۋار ماركىسى ئىشلىتىلگەن ئاۋار ۋە مۇلازىمەتنىڭ خەلقئارالىق ئابرۇيىسى بويىچە تىزىلدى.

قىلىشقا مۇلازىمەت قىلىدىغان 12315 نومۇرلۇق مەخسۇس تېلېفون ئورنىتىپ، ئىستېمالچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى ئۈنۈملۈك قوغدىدى. 1999 ـ يىلى ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزۈش دېلوسىدىن 242نى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، 90نى كېلىشتۈرۈپ قويدى، 600 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويدى ۋە مۇسادىرە قىلدى، ئىستېمالچىلارنى 8 مىليون 500 نەچچە مىڭ يۈەن زىياندىن ساقلاپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەر دەرىجىلىك ئىستېمالچىلار جەمئىيەتلىرىمۇ ئاكتىپ ئىشلەپ، ئىستېمالچىلارنىڭ 19 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق ئەرزىنى قوبۇل قىلىپ، 18 مىڭ پارچىدىن ئارتۇقىنى ھەل قىلىپ، ئىستېمالچىلارنى 12 مىليون 400 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ئىقتىسادىي زىياندىن ساقلاپ قالدى.

دەي جىچى

## سودا قانۇنىنى ئادىل ئىجرا قىلىش

ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى 1999 ـ يىلى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلغان قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش ئىقتىسادىي دېلوسى 10 مىڭ 196 بولۇپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن 149.2% كۆپەيدى، دېلولارنىڭ قىممىتى 214 مىليون يۈەنگە، مۇسادىرە سوممىسى 4 مىليون 160 مىڭ يۈەنگە، جەرىمانە سوممىسى 12 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە يەتتى. قىممىتى 10 مىڭ يۈەندىن ئاشىدىغان چوڭ ئىقتىسادىي دېلودىن 424ى بىر تەرەپ قىلىندى، بۇ 1998 ـ يىلدىكىدىن 39.7% كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە 10 مىڭ — 100 مىڭ يۈەنگىچە بولغىنى 269، 100 مىڭ — 300 مىڭ يۈەنگىچە بولغىنى 125، 300 مىڭ — 1 مىليون يۈەنگىچە بولغىنى 17، 1 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغىنى 13.

ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى قانۇنسىز ئاشلىق تىجارىتى دېلوسىدىن 602 نى بىر تەرەپ قىلدى، ئۇلارغا چېتىشلىق ئاشلىق 8605 توننا، قىممىتى 8 مىليون 250 مىڭ يۈەن. قانۇنسىز يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى تىجارىتى دېلوسىدىن 305نى بىر تەرەپ قىلدى، ئۇلار ئىچىدە خىمىيىۋى ئوغۇت 16 مىڭ 844 توننا، ئۇرۇق 127 توننا، دېھقانچىلىق دورىسى 67 توننا، سۇلياۋ يوپۇق 30 توننا، بۇلارنىڭ قىممىتى 38 مىليون 270 مىڭ يۈەن؛ 6036 توننا پاختا، 1689 توننا جۇڭيى دورا ماتېرىيالى، 826 توننا نېفىت مەھسۇلاتى، 3900 توننا قاراچاي قاتارلىقلارغا دائىر قانۇنسىز دېلونى بىر تەرەپ قىلدى، ئۇلارنىڭ قىممىتى 40 مىليون يۈەندىن ئاشىدۇ. مەنىۋى ئەخلەتلەرگە زەربە بېرىش ۋە «فالۇن گۇڭ»غا دائىر نەشر بۇيۇملىرىنى يىغىۋېلىش ھەرىكىتى جەريانىدا 1500دىن ئارتۇق تىجارەت ئورنىنى تەكشۈرۈپ، قانۇنسىز ئۈن ـ سىن بۇيۇمىدىن 62 مىڭ 313نى يىغىۋالدى، بۇنىڭ ئىچىدە «فالۇن گۇڭ»غا دائىر ئۈن ـ سىن بۇيۇمى 13 مىڭ 103، ساغلام بولمىغان، شەھۋانىيلىق تەرغىب قىلىنغان فىلىم ۋە سىن لېنتىسى 110 دىن ئارتۇق، «فالۇن ئەقىدىسى»گە دائىر قانۇنسىز كىتاب 5399، بىر يىلدا ناچار كارخانا نامىدىن 1750 نەچچىنى تەرتىپكە سالدى. ناتوغرا رىقابەت دېلوسىدىن 231نى بىر تەرەپ قىلدى، ئۇلارنىڭ قىممىتى 90 مىليون يۈەندىن ئاشىدۇ، 1 مىليون 480 مىڭ

يۈەن جەرىمانە قويدى ۋە مۇسادىرە قىلدى. شۇنىڭدەك ساختا تاۋارلارغا زەربە بېرىپ، ئەتىۋازلىق تېرىلغۇنى قوغداش، ساختا تاۋارلارغا زەربە بېرىپ، داڭلىق تاۋارلارنى قوغداش، ساختا تاۋارلارغا زەربە بېرىپ، بازارنى پاكلاشتۇرۇش مەزمۇن قىلىنغان ساختا تاۋارلارغا زەربە بېرىپ، هوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش هەرىكەتلىرىنى باسقۇچمۇ باسقۇچ قانات يايدۇرۇپ، ساختا، ناچار تاۋار ئىشلەش، سېتىش دېلوسىدىن 677نى بىر تەرەپ قىلدى، ئۇلارنىڭ قىممىتى 20 مىليون يۈەندىن ئاشىدۇ. ئەتكەسچىلىككە قارشى بىرلەشمە هەرىكەت ۋە مەخسۇس كۆرەشنى قانات يايدۇرۇش جەريانىدا سىستېما بويىچە 500 نەچچە تەكشۈرگۈچى (قېتىم) ئىشقا سېلىنىپ، 77 ئەتكەسچىلىك دېلوسى بىر تەرەپ قىلىندى، دېلو قىممىتى 2 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ، 16 ئەتكەس ئاپتوموبىل، 310 دانە ئەتكەس ئاپتوموبىل ۋە موتسىكلىت زاپچىسى قولغا چۈشۈرۈلدى.

دەي جىچى

## ئىدارە باشلىقى ۋاڭ جۇڭتۇ شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى

دۆلەت سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، ئىدارە باشلىقى ۋاڭ جۇڭتۇ 1999 - يىل 10 - ئايدا شىنجاڭغا تەكشۈرۈشكە كېلىپ، ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش سىستېمىسىنىڭ ئىسلاھات خىزمىتىنى ۋە «ئۈچكە ئەهمىيەت بېرىش» تەربىيىسى خىزمىتىنى تەكشۈردى.

دەي جىچى

# سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى

## سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى سىستېمىسىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى

1999 - يىلدىن باشلاپ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكتىن تۆۋەن سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى سىستېمىسىدا تىك يۆنىلىشلىك باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى، هەر دەرىجىلىك ئاپپارات شتاتى تارماقلىرى ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى سىستېمىسىغا تەكشۈرۈپ بېكىتىپ بەرگەن ئەسلىدىكى 3078 مەمۇرىي، كەسپىي شتات ش ئۇ ئا ر ئاپپارات شتاتى كومىتېتىغا بىر تۇتاش ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، ئۇنى جايلارنىڭ ئاپپارات شتاتى تارماقلىرى باشقۇرمايدىغان بولدى؛ ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەهەرلىك، ناهىيە (شەهەر، رايون) لىك سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىلىرىنىڭ رەهبىرىي كادىرلىرىنى يەرلىك پارتكوم مەسئۇل بولۇپ باشقۇرۇش بىر دەرىجە يۇقىرى سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى پارتگورۇپپىسى مەسئۇل بولۇپ باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىلدى، يەرلىك پارتكوم باشقۇرۇشقا هەمكارلىشىدىغان بولدى.

ش ئۇ ئا ر تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسىنىڭ نامى ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى، ئەسلىدىكى ئىدارە قارمىقىدىكى تەكشۈرۈش چولڭ ئەترىتى ئۈرۈمچى شەهەرلىك سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، ئۈرۈمچى شەهەرلىك ئىدارە قارمىقىدىكى تېخنىكا ئاپپاراتى ئاپتونوم رايونلۇق ئىدارىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىدارە قارمىقىدا ش ئۇ ئا ر تالا تەكشۈرۈش ئىدارىسى، ش ئۇ ئا ر سۈپەت نازارەت قىلىش تەكشۈرۈش ئورنى، ش ئۇ ئا ر ئۆلچەم سىناش تەتقىقات ئورنى، ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئۇچۇرى تەتقىقات ئورنى ۋە ش ئۇ ئا ر تېخنىكا نازارەتچىلىرىنى تەربىيىلەش مەركىزى تەسىس قىلىندى. ئاپتونوم رايوندىكى 15 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەهەر ۋە شىخەنزە شەهىرىدە سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى قۇرۇلدى. ئۈرۈمچى شەهىرىدىن باشقىلىرىنىڭ هەممىسىدە سۈپەت ۋە مىقدار تەكشۈرۈش تېخنىكا ئاپپاراتى تەسىس قىلىندى. ئۈرۈمچى، قاراماي شەهەرلىرىدىن باشقىلىرىنىڭ هەممىسىدە تالا تەكشۈرۈش ئاپپاراتى تەسىس قىلىندى؛ ئۈرۈمچى، قاراماي، شىخەنزە، تۇرپان، ئالتاي، بورتالا، قىزىلسۇلاردىكى 7 ئىدارىدا تەكشۈرۈش ئەترىتى تەسىس قىلىندى، كۈيتۇڭ شەهەرلىك ئىدارىگە تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ۋەزىپىسى قوشۇپ بېرىلدى. نەنشەن كان رايونى، قاراماي رايونى، ئۇرخۇ رايونى، تۇرپان، ئالتاي، بورتالا، ئاتۇش شەهەرلىرى ۋە خوتەن ناهىيىسىدىن باشقا ناهىيە (شەهەر، رايون) لەردە سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى قۇرۇلدى، ۋىلايەت، ئوبلاست ئورگانلىرى تۇرۇشلۇق شەهەرلەردە تەكشۈرۈش ئەترىتى تەسىس قىلىندى، باشقا ناهىيە (شەهەر، رايون) لەردە تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ۋەزىپىسى قوشۇپ بېرىلدى، قارمىقىدا سۈپەت ۋە مىقدار تەكشۈرۈش ئاپپاراتى تەسىس قىلىندى، پاختا چىقىدىغان ماۋەن، شىخۇ، چەرچەن، كۇچا، شايار، توقسۇ، يەكەن، مەكىت، مارالبېشى ناهىيە (شەهەر) لىرىدە تالا تەكشۈرۈش پونكىتى تەسىس قىلىندى. 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئاپتونوم رايوندىكى هەر دەرىجىلىك سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى تارماقلىرى بىر تۇتاش يېڭى تامغا ئىشلەتتى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكتىن تۆۋەن سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى سىستېمىسىدا تىك يۆنىلىشلىك رەهبەرلىك يولغا قويۇلدى، مالىيىدە كىرىم بىلەن

چىقىم ئاپرېلنىڭ 2 لىنىيە بويىچە باشقۇرۇلىدىغان بولدى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، ۋاڭ سۇيپىڭ

## ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون ئاپتونوم رايوندىكى سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى سىستېمىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى خىزمىتىنى تەشكىللەش - باشقۇرۇش سىستېمىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن بەرپا قىلدى. سېمونت ستولبا، سۇ ئۆتمەس يۆگىمە ماتېرىيال، بىنا ئىشىك - دېرىزىلىرى، ئەمگەك مۇھاپىزەتتى بۇيۇملىرىدىن ئىبارەت 4 خىل مەھسۇلاتقا ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى ئىلتىماس قىلىش خىزمىتىنى تەشكىللىدى، كارخانىلارنىڭ يۇقىرىدىكى 4 خىل مەھسۇلاتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 10 خىل، 400 نەچچە مەھسۇلاتنى ئىشلەپچىقىرىشقا ئىجازەتنامە بېرىش ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلدى، ئىلتىماس قىلغان 381 كارخانىنى ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى بېرىش نۇقتىسىدىن تەكشۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە سېمونت ستولبا ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى 37، بىنا ئىشىك - دېرىزە ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى 211، ئىسپىرت ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى 22، سۇ ئۆتمەس يۆگىمە ماتېرىيال، ئەمگەك مۇھاپىزەتتى بۇيۇملىرى، سېمونت قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى 7، ۋاقىتلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى بېرىشنى ئىلتىماس قىلغان كارخانا 104.

باۋ شاۋشۇاڭ، ۋاڭ سۇيپىڭ

## مەھسۇلات سۈپىتىگە گۇۋاھلىق بېرىش ئەھۋالى

ئاپتونوم رايوندىكى سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى تارماقلىرى 1999 - يىلى گۇۋاھلىق، مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، نەچچە 10 كارخانىغا مۇلازىمەت ۋە يېتەكچىلىك قىلدى، 25 كارخانىغا 53 لاياقەتلىك ئىچكى تەكشۈرگۈچى تەربىيىلەپ بەردى. شىنجاڭ سۈپەتكە گۇۋاھلىق بېرىش مەركىزى سۈپەتكە گۇۋاھلىق، مەسلىھەت بېرىش توختامىدىن 8نى ئىمزالىدى ھەم مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇردى. 2 كارخانىنىڭ سۈپەت سىستېمىسى گۇۋاھلىق بېرىشتىن ئۆتتى. 1999 - يىلى گۇۋاھلىق بېرىشتە 85 كارخانىنىڭ سۈپەت سىستېمىسى لاياقەتلىك بولدى، شۇنىڭ بىلەن سۈپەت سىستېمىسى لاياقەتلىك بولغان كارخانا 123كە يەتتى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، ۋاڭ سۇيپىڭ

### قوشۇمچە

**1999 - يىلى سۈپەت سىستېمىسى بويىچە گۇۋاھلىق بېرىش گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشكەن كارخانىلار**

شىنجاڭ لىتىيلىق تۇز زاۋۇتى، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىنىڭ نېفىتلىك قۇرۇلۇش شىركىتى، «خۇڭجياڭ» ئالاقىلىشىش چەكلىك شىركىتى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك دۆربىلجىن شېكەر زاۋۇتى، شىنجاڭ «تۇنخې» يېمەكلىك ساناغەتتى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، «شىنىنىڭ» شېكەر زاۋۇتى، شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» سېمونت پاي چەكلىك شىركىتى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ «7008» زاۋۇتى، ئۈرۈمچى «ياكۇن» چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ ئوكسىگېن زاۋۇتى، شىنجاڭ پولات پۈرژىنا چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ پولات - تۆمۈر (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ كارخانا شىركىتى، شىنجاڭ پولات - تۆمۈر چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، تارىم نېفىت (گاز) توشۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىخەنزە «1 - ئاۋغۇست» شېكەرچىلىك چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى ماشىنىسازلىق باش شىركىتىنىڭ 2- ماشىنىسازلىق زاۋۇتى، قاراماي شەھەرلىك ئۈچ بىرلەشمە بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇشى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ ئېلېكتر قۇراشتۇرۇش شىركىتى، شىنجاڭ 4 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى، قاراماي «كاڭجيا» ئوقەتچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى ماشىنىسازلىق باش شىركىتىنىڭ ئاپتوموبىل سېتىش - رېمونت قىلىش شىركىتى، شىنجاڭ «تيەنكاڭ» تېخنىكا تەرەققىيات شىركىتى، مىچۈەن شەھەرلىك سىم - تاناپ ئۈسكۈنىلىرى زاۋۇتى، ساۋەن «ۋۇگۇەن» سېمونت چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ پۇۋسى (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ «ئۆكتەبىر» تراكتور زاۋۇتى، شىنجاڭ 2 - بىناكارلىق - قۇرۇلۇش شىركىتى — قاراماي شەھەرلىك شەھەر قۇرۇلۇشى تەرەققىيات باش شىركىتى، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىنىڭ گېئولوگىيىلىك قۇدۇق خاتىرىلەش شىركىتى، شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ 2 - سۇلياۋ زاۋۇتى، شىنجاڭ «تيەنيې» پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ 1 - سۇلياۋ زاۋۇتى، شىنجاڭ شىخەنزە «ئاقتېرەك» ھاراق زاۋۇتى، شىنجاڭ شىنخۇ پىۋا گۇرۇھىنىڭ غۇلجا پىۋا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ 3 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى، شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش باش شىركىتىنىڭ شىنخۇا بىناكارلىق شىركىتى، شىنجاڭ 1 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى، بىڭتۇەن 8 - بىناكارلىق - قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇشى شىركىتى، شىنجاڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش ترانسپورت شىركىتى، ئۈرۈمچى پاراۋانلىق - مۇھىت ئاسراش ئۈسكۈنىلىرى زاۋۇتى،

مايتاغ نېفىت ئايرىش خىمىيە سانائىتى قۇرۇلۇشى (گۇرۇھى) چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «دامو» سۇ ئۆتمەس ماتېرىياللار قۇرۇلۇشى چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ پولات - تۆمۈر (گۇرۇھى) شىركىتىنىڭ كوكس كۆيدۈرۈش چەكلىك شىركىتى، بىڭتۇەن تەكشۈرۈش - لايىھىلەش يۇرتى، شىنجاڭ 5 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى، شىنجاڭ كورلا پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، شىنجاڭ ۋۇجياچۇ ھەمكارلىق پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، تۇرپان - قۇمۇل نېفىت تەكشۈرۈش - ئېچىش قوماندانلىق شتابىنىڭ قۇدۇق خاتىرىلەش، سىناش شىركىتى، تۇرپان - قۇمۇل نېفىت تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش قوماندانلىق شتابىنىڭ قۇدۇق ئاستى تېخنىكىلىق مەشغۇلات شىركىتى، تۇرپان - قۇمۇل نېفىت تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش قوماندانلىق شتابىنىڭ قۇدۇق بۇرغىلاش شىركىتى، بورتالا شەھەرلىك پاختا - توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى، قۇمۇل ھەمكارلىق پاختا توقۇمىچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ «كوئېنلۇن» پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «كوئېنلۇن» پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ 1 - كاۋچۇك زاۋۇتى، شىنجاڭ ئۈرۈمچى بالون زاۋۇتىنىڭ 2 - كاۋچۇك زاۋۇتى، تۇرپان - قۇمۇل نېفىت تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش قوماندانلىق شتابىنىڭ يول ياساش شىركىتى، تۇرپان - قۇمۇل نېفىت تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش قوماندانلىق شتابىنىڭ ماشىنىسازلىق زاۋۇتى، مىجۈەن شەھەرلىك يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق ئالىيۇمىن ماتېرىيال زاۋۇتى، بىڭتۇەن بىناكارلىق - قۇرۇلۇش باش شىركىتى، بىڭتۇەن ماشىنىسازلىق قۇرۇلۇش قىلىش شىركىتى، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىنىڭ قۇدۇق بۇرغىلاش ھۈنەر - سەنئىتى تەتقىقات يۇرتى، شىنجاڭ «جىنچېڭ» نېفىت خىمىيە سانائىتى ئۈسكۈنىلىرى چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ قاراماي شەھەرلىك «قارا يىلپىز» قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، جۇڭگو خەلق قوراللىق ساقچى قىسمىنىڭ قاتناش 8 - تارماق ئەترىتى، شىنجاڭ «كوئېنلۇن» كوچا - يول قۇرۇلۇشى شىركىتىنىڭ 6 - قۇرۇلۇش باشقارمىسى، شىنجاڭ قاراماي شەھەرلىك «يۇرۇڭ» چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ دېبەس ئۆشكە سايمانلىرى چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ پوسكام نېفىت خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى، قاراماي «تيەنشېڭ» ئوقەتچىلىك باش شىركىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 - بىناكارلىق - قۇرۇلۇش شىركىتى، بىڭتۇەن 6 - بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇشى شىركىتى، شىنجاڭ «خۇڭچى» قۇرۇلۇش شىركىتى، بىڭتۇەن 3 - بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇشى شىركىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 2 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى، «شىنتيەن» خەلقئارا ئۈزۈم ھارىقى چەكلىك شىركىتى، بىڭتۇەن 5 - بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇشى شىركىتى، شىنجاڭ مېتاللچىلىق قۇرۇلۇشى شىركىتى، جىمسار ناھىيىلىك سەنئەتي ھاراق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ «فاڭشيا» قۇرۇلۇش نازارەت قىلىش باشقۇرۇش چەكلىك شىركىتى، بىڭتۇەن 1 - بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇشى شىركىتى، شىنجاڭ «گۇاڭخۇي» تاش ماتېرىيال پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «تيەنلۇڭ» سېمونت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ كازىۋەن سېمونت زاۋۇتى، كورلا شەھەرلىك 1 - سېمونت زاۋۇتى، قاراماي شەھەرلىك 2 - ماشىنىسازلىق زاۋۇتى.

## قەرەللىك نازارەت قىلىش — تەكشۈرۈش

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى تارماقلىرى ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىدىكى 10 مىڭ 847 كارخانىنىڭ 13 مىڭ 255 تۈركۈم (قېتىم) مەھسۇلاتىنى قەرەللىك نازارەت قىلدى ۋە تەكشۈردى، تەكشۈرۈشتە 9085 تۈركۈم (قېتىم) ى لاياقەتلىك بولدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %54.68كە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 1.81 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە بېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان مەھسۇلاتلارنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %51.84 بولۇپ، 1.64 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىدى؛ يېمەكلىك ۋە ئىچىملىكلەرنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %11.64 بولۇپ، 3.43 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىدى؛ ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %96.97 بولۇپ، 2.04 پىرسەنت پوئىنتى چۈشتى؛ توقۇلما ۋە ئاياغ كىيىمنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %60.77 بولۇپ، 1.53 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىدى؛ يېنىك سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %07.57 بولۇپ، 8.53 پىرسەنت پوئىنتى چۈشتى؛ خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %50.76 بولۇپ، 6.21 پىرسەنت پوئىنتى، بىناكارلىق ماتېرىياللىرىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %2.72 بولۇپ، 1.01 پىرسەنت پوئىنتى، ماشىنا - ئېلېكتر مەھسۇلاتلىرىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %86.89 بولۇپ، 57.25 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىدى؛ مېتاللورگىيە مەھسۇلاتلىرى ۋە مېتال بۇيۇملارنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %89.64 بولۇپ، 21.51 پىرسەنت پوئىنتى چۈشتى؛ ئېنېرگىيە مەھسۇلاتلىرىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %70.88 بولۇپ، 28.3 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىدى، باشقا مەھسۇلاتلارنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %56.55 بولدى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، ۋاڭ سۈيىڭ

## بىر تۇتاش نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش ئەھۋالى

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى بېتون قۇيۇلما، سېمونت، بوتۇلكىلىق سۇ، سۇ يېغى، بۇغداي ئۇنى، سوغۇق ئىچىملىك، سۇلياۋ يوپۇق، سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىش ماشىنىسى، خىمىيۋى ئوغۇت، سۇ ئۆتمەس يۆگىمە ماتېرىيالدىن ئىبارەت 10 خىل مەھسۇلاتنى بىر تۇتاش نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش خىزمىتىنى تەشكىللىدى، 1622 تۈركۈم (قېتىم) مەھسۇلات نازارەت قىلىندى ۋە تەكشۈرۈلدى، تەكشۈرۈلگەن 1622 تۈركۈم (قېتىم) نىڭ 1026 تۈركۈم (قېتىم) ى لاياقەتلىك بولۇپ، ئومۇمىي لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %63.2 بولدى. 264 كارخانا ئىشلىگەن 267 تۈركۈم (قېتىم) بېتون قۇيۇلما ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەندە، 188 تۈركۈم (قېتىم) ى لاياقەتلىك بولدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %70.4 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭكى لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %85.31، كوللېكتىپ كارخانىلىرىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %63.41 بولدى. 252 كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى تەكشۈرۈلگەندە، 187 كارخانا لاياقەتلىك بولۇپ، %74.21 نى ئىگىلىدى. 65 كارخانا لاياقەتسىز بولۇپ، %25.79 نى ئىگىلىدى. 100 سېمونت كارخانىسىنىڭ 129 تۈركۈم (قېتىم) مەھسۇلاتى ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەندە، 122 تۈركۈم (قېتىم) ى لاياقەتلىك بولدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %94.6 كە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 6.8 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلارنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %100، كىچىك كارخانىلارنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %93.1 بولدى. ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى ئالغان 92 كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى تەكشۈرۈلگەندە، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %96.7 كە يەتتى. ئىجازەتنامىسى يوق 8 كارخانىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %62.5 بولدى. بوتۇلكىلىق سۇ ئىشلەپچىقىرىدىغان 80 كارخانىنىڭ 88 تۈركۈم (قېتىم) مەھسۇلاتى ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەندە، 43 تۈركۈم (قېتىم) ى لاياقەتلىك بولدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %48.9 بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە مىنېرال سۇ ئىشلەيدىغان 5 كارخانىنىڭ 6 تۈركۈم (قېتىم) مەھسۇلاتى ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەندە، 2 تۈركۈم (قېتىم) ى لاياقەتلىك بولدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %33.3 بولدى، 4 تۈركۈم لاياقەتسىز مەھسۇلات ئىچىدە بىر تۈركۈمى ناچار مەھسۇلات بولۇپ چىقتى؛ تەبىئىي مۇزلۇق سۈيى ئىشلەپچىقىرىدىغان 3 كارخانىنىڭ 3 تۈركۈم (قېتىم) مەھسۇلاتى ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەندە، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %100 كە يەتتى. ساپ سۇ ئىشلەپچىقىرىدىغان 72 كارخانىنىڭ 79 تۈركۈم (قېتىم) مەھسۇلاتى تەكشۈرۈلگەندە، 38 تۈركۈم (قېتىم) ى لاياقەتلىك بولۇپ، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %48.1 بولدى، 41 تۈركۈم لاياقەتسىز مەھسۇلات ئىچىدە 13 تۈركۈم (قېتىم) ى ناچار مەھسۇلات بولۇپ چىقتى. 80 كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى تەكشۈرۈلگەندە 19 نىڭ لاياقەتلىك، 40 نىڭ ئاساسەن لاياقەتلىك، 21 نىڭ لاياقەتسىز بولۇپ چىقتى. بۇغداي ئۇنى ۋە سۇ يېغىنى بىر تۇتاش تەكشۈرۈش جەھەتتە، ئاشلىق - ياغ پىششىقلايدىغان 599 كارخانىنىڭ 722 تۈركۈم (قېتىم) مەھسۇلاتى ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەندە، 485 تۈركۈم (قېتىم) ى لاياقەتلىك بولدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %67.2 بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە، كىچىك كارخانىلارنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %65.58، ئوتتۇرا كارخانىلارنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %80.14، چوڭ كارخانىلارنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %93.3 بولدى. بۇغداي ئۇنى 494 تۈركۈم (قېتىم) ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەندە، 319 تۈركۈم (قېتىم) ى لاياقەتلىك بولدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %64.6 بولدى؛ سۇ يېغى 228 تۈركۈم (قېتىم) ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەندە، 166 تۈركۈم (قېتىم) ى لاياقەتلىك بولدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %72.8 بولدى. ئاپتونوم رايوندا ئىشلەپچىقىرىلغان سۇلياۋ يوپۇق، خىمىيۋى ئوغۇت، يوپۇق يېپىپ تېرىش ماشىنىسىدىن ئىبارەت 3 تۈرلۈك يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىسى ئاپتونوم رايون بويىچە بىر تۇتاش تەكشۈرۈلدى، تەكشۈرۈلگەن 111 تۈركۈم (قېتىم) مەھسۇلاتنىڭ 86 تۈركۈم (قېتىم) ى لاياقەتلىك بولدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %77.5 بولدى.

بۇنىڭ ئىچىدە، سۇلياۋ يوپۇق ئىشلەيدىغان 31 كارخانىنىڭ 40 تۈركۈم (قېتىم) مەھسۇلاتى ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى، 22 تۈركۈم (قېتىم) ى لاياقەتلىك بولدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %55 بولدى؛ خىمىيۋى ئوغۇت ئىشلەيدىغان 24 كارخانىنىڭ 38 تۈركۈم (قېتىم) مەھسۇلاتى ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەندە، 35 تۈركۈم (قېتىم) ى لاياقەتلىك بولدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %92.1 كە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 14.31 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىدى؛ سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىش ماشىنىسى ئىشلەيدىغان 9 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى 31 كارخانىنىڭ 33 تۈركۈم (قېتىم) مەھسۇلاتى ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەندە، 29 تۈركۈم (قېتىم) ى لاياقەتلىك بولدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %87.9 كە يەتتى. دۆلەت كارخانىلىرىنىڭكى لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %96، يەككە ۋە پاي كارخانىلىرىنىڭكى لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %42.8 بولدى، ئاپتونوم رايون بويىچە

سوغۇق ئىچىملىك ئىشلەپچىقىرىدىغان 171 كارخانا بىر تۇتاش تەكشۈرۈلدى، 281 تۈركۈم (قېتىم) سوغۇق ئىچىملىك ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەندە، 83 تۈركۈم (قېتىم) ى لاياقەتلىك بولدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %29.5 بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە 116 تۈركۈم (قېتىم) نوكچا ماروژنىسى ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەندە، 39 تۈركۈم (قېتىم) ى لاياقەتلىك بولدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %33.6 بولدى، 77 تۈركۈم لاياقەتسىز مەھسۇلات ئىچىدە 44 تۈركۈمى ناچار مەھسۇلات بولۇپ چىقتى. 57 تۈركۈم (قېتىم) ماروژنىسى ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەندە، 10 تۈركۈم (قېتىم) ى لاياقەتلىك بولدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %17.5 بولدى، 47 تۈركۈم لاياقەتسىز مەھسۇلات ئىچىدە 35 تۈركۈمى ناچار مەھسۇلات بولۇپ چىقتى؛ 112 تۈركۈم (قېتىم) نوكچا مۇز ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەندە، 34 تۈركۈم (قېتىم) ى لاياقەتلىك بولدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %30.4 بولدى، 78 تۈركۈم (قېتىم) لاياقەتسىز مەھسۇلات ئىچىدە 40 تۈركۈم (قېتىم) ى ناچار مەھسۇلات بولۇپ چىقتى. 155 كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى تەكشۈرۈلگەندە 8 كارخانىنىڭ لاياقەتلىك، 18 كارخانىنىڭ ئاساسەن لاياقەتلىك، 129 كارخانىنىڭ لاياقەتسىز بولدى. 24 تۈركۈم (قېتىم) سۇ ئۆتمەس يۆگىمە ماتېرىيال ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەندە، 19 تۈركۈم (قېتىم) ى لاياقەتلىك بولدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %79.2كە يەتتى.

جاڭ شاۋشۇاڭ، ۋاڭ سۇيپىڭ

## مەھسۇلات سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش ئەھۋالى

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى يېزا ئىگىلىكىگە چېتىلىدىغان مەھسۇلاتلار ۋە باللار بۇيۇملىرى قاتارلىق ئىستېمالچىلار كۆڭۈل بۆلىدىغان تاۋارلارنى بىر تۇتاش نازارەت قىلدى ۋە ئارىلاپ تەكشۈردى. 1139 تۈركۈم (قېتىم) تاۋار ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەندە، ئومۇمىي لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %49.9 بولدى. يېڭى يىل، باھار بايرىمى، قۇربان ھېيت، روزى ھېيت مەزگىللىرىدە يۇڭ پوپايكا، بالقاق، سۈت، خورۇم ئاياغ كىيىمدىن ئىبارەت 4 خىل 181 تۈركۈم (قېتىم) تاۋار ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەندە، 97 تۈركۈم (قېتىم) ى لاياقەتلىك بولدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %53.6 بولدى. «15 - مارت» ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش كۈنى پائالىيىتى مەزگىلىدە سۇ يېغى، بېسىم تەڭشەش كلاپانى، جاڭيۇ، ئاچچىقسۇ، گۆش مەھسۇلاتلىرى، ياقۇت - قاشتېشى قاتارلىق 6 تۈرلۈك تاۋارنى نازارەت قىلىش ۋە ئارىلاپ تەكشۈرۈش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى، 428 تۈركۈم (قېتىم) تاۋار ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەندە، 262 تۈركۈم (قېتىم) ى لاياقەتلىك بولدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 61.2 بولدى؛ «1 - ئىيۇن» باللار بايرىمى مەزگىلىدە سوغۇق ئىچىملىك، شاكىلات، مېۋە ئۆيۈتمىلىرى، مېۋە ئىچىملىكى، باللار ئويۇنچۇقىدىن ئىبارەت 5 تۈرلۈك باللار يېمەكلىكى، بۇيۇملىرى بازىرى ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى، 182 تۈركۈم (قېتىم) مەھسۇلات ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەندە، 84 تۈركۈم (قېتىم) ى لاياقەتلىك بولدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %46.2 بولدى؛ «يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى تەكشۈرۈپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا كاپالەتلىك قىلىش» پائالىيىتىدە دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ساقلىق قازان، دېھقانچىلىق دورىسى، بېلىق پاراشوكى، چۈلۈكلار ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى، 194 تۈركۈم (قېتىم) مەھسۇلات ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەندە 100 تۈركۈم (قېتىم) ى لاياقەتلىك بولدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %51.5 بولدى. دۆلەت بايرىمى مەزگىلىدە دۆلەت بايرىقىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش ۋە ئارىلاپ تەكشۈرۈش خىزمىتى ئىشلەندى، 21 تۈركۈم (قېتىم) بايراق ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەندە، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى نۆل بولدى.

جاڭ شاۋشۇاڭ، ۋاڭ سۇيپىڭ

## تالا تەكشۈرۈش ئەھۋالى

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر تالا تەكشۈرۈش ئىدارىسى ناھىيىلىك، شەھەرلىك سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىلىرى، تالا تەكشۈرۈش ئورۇنلىرى، پاختا - چىگە سېتىۋېلىش، توقۇمىچىلىق كارخانىلىرى، سودا سارايلىرىنىڭ دىرېكتورلىرى ۋە يەككە تىجارەتچىلەرنى قاتناشتۇرۇپ 7 قېتىم ئۆگىنىش كۇرسى، تېخنىكا ئالماشتۇرۇش يىغىنى ۋە مەخسۇس تېخنىكا لېكسىيىسى ئۇيۇشتۇرۇپ، 500 ئادەم (قېتىم) نى تەربىيىلىدى. 11 ۋىلايەتكە ۋە ئوبلاست (شەھەر) قا قاراشلىق ناھىيىلىك پاختا - چىگە سېتىۋېلىش، بېكىتۈشنىڭ 9 شى، ئىدارىسىگە قاراشلىق تۈەن - مەيدانلار، ئاپتونوم رايوندىكى 14 ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق (شەھەرلىك) تالا تەكشۈرۈش ئورنى ۋە ش ئۇ ئا ر تالا تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ تالا تەكشۈرۈشتە ئىشلىتىلىدىغان 1300 دانە ئۆلچەش سايمىنى باھالاندى ۋە رېمونت قىلىندى. 324 پاختا زاۋۇتىنىڭ چىگىت ئايرىشتا سورت دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش سالاھىيىتى تەكشۈرۈلدى، تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارغا سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى بېرىلدى، شۇنىڭ بىلەن چىگىت ئايرىشتا سورت دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش سالاھىيىتى گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشكەن پاختا زاۋۇتى 350كە يەتتى، پاختا سورتى دەرىجىسىنىڭ 1920. يۈرۈشى، 11 مىڭ 450 قۇتا ناتۇرال ئۆلچىمى تەقلىدىي

پاسالدى ۋە تارقىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە چىگىتى تولۇقلۇق چىغىرىق بىلەن ئايرىلغان ئىنچىكە تىۈتىلىك پاختىنىڭ 1000 يۇرۇش، 6000 قۇتا؛ چىگىتى ھەرە چىشلىق چىغىرىق بىلەن ئايرىلغان ئىنچىكە تىۈتىلىك پاختىنىڭ 850 يۇرۇش، 5100 قۇتا؛ ئۇزۇن تالالىق پاختىنىڭ 70 يۇرۇش، 350 قۇتا. 236 تۈركۈم، 39 مىڭ 817.70 توننا پاختا ھۆكۈمەت گۆۋاھلىقى نۇقتىسىدىن تەكشۈرۈلدى، 2412 تۈركۈم، 27 مىڭ 538.71 توننا پاختا نازارەت قىلىندى ۋە تەكشۈرۈلدى، تۈركۈم (قېتىم) لەرنىڭ ئۆلچەمگە لايىق بولۇش نىسبىتى 79%كە يەتتى؛ 204 يۇرۇش، 3573.76 توننا پاختا پاختا ماجىراسىنى كېسىم قىلىش نۇقتىسىدىن تەكشۈرۈلدى، تۈركۈم (قېتىم) لەرنىڭ ئۆلچەمگە لايىق بولۇش نىسبىتى 67%، ئېغىرلىقىنىڭ ئۆلچەمگە لايىق بولۇش نىسبىتى 70% بولدى؛ 2805 تۈركۈم (قېتىم)، 49 مىڭ 150.89 توننا پاختىنىڭ سۈپىتى چىگىت ئايرىش ھالىتىدا تەكشۈرۈلدى. قوي يۇڭى ھۆكۈمەت گۆۋاھلىقى نۇقتىسىدىن تەكشۈرۈلدى ۋە 538 تۈركۈم (قېتىم)، 749.48 توننا ساپ يۇڭنىڭ باھاسى بەلگىلەپ بېرىلدى؛ بىر تۈركۈم (قېتىم)، بىر توننا يۇڭ ئۈچ ھۆكۈمەت گۆۋاھلىقى نۇقتىسىدىن تەكشۈرۈلدى؛ 1723 تۈركۈم (قېتىم)، 664.63 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 230 توننا سورتقا ئايرىلغان تىۋىت ھۆكۈمەت گۆۋاھلىقى نۇقتىسىدىن تەكشۈرۈلدى. 270 تۈركۈم (قېتىم)، 500 توننا پىلە فوزىسى، 9 تۈركۈم (قېتىم)، 45 توننا خىمىيىۋى تالا نازارەت قىلىندى ۋە تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە قىسقا تالا 3 تۈركۈم، 15 توننا، ئۇزۇن تالا 6 تۈركۈم، 30 توننا. 41 تۈركۈم، 2594 توننا شىنجاڭ «ساپالى» ماركىلىق سۈپەتلىك ئىنچىكە قوي يۇڭى ھاۋالە بويىچە تەكشۈرۈلدى. ش ئۇ ئا ر تالا تەكشۈرۈش ئىدارىسى 500دىن ئارتۇق يەككە تىجارەتچى بىلەن ھاۋالە بويىچە تەكشۈرۈش توختامى ئىمزالاپ، 2000 تۈركۈم (قېتىم) دىن كۆپرەك تالا مەھسۇلاتى (تەخمىنەن 300 مىڭ تۇيىتىن ئارتۇق پىششىق مەھسۇلاتقا توغرا كېلىدۇ) نىڭ تەركىبىنى تەكشۈرتتى، 55 تۈركۈم (قېتىم) مايىسىزلاندۇرۇلغان پاختا ۋە مايىسىزلاندۇرۇلغان داكىنى تەكشۈرتتى. 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىگىچە پاختا زاۋۇتلىرى سېتىۋالغان چىگىتلىك پاختىنىڭ سۈپىتى نازارەت قىلىندى ۋە تەكشۈرۈلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 5316 تەكشۈرگۈچى (قېتىم) چىقىرىلىپ، پاختا كارخانىلىرى 1266 قېتىم تەكشۈرۈلدى، 802 چوڭ دۆۋە چىگىتلىك پاختا، پاختىكارلارنىڭ 5819 كىچىك دۆۋە چىگىتلىك پاختىسى تەكشۈرۈلدى، مەسىلە سادىر قىلغانلار جازالاندى، جەرىمانە ۋە مۇسادىرە پۇلى 1 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يەتتى، تالا قانۇنىغا خىلاپ دېلودىن 339ى قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە نەق مەيداندا جازالاپ بىر تەرەپ قىلىنغان دېلو 132، دېلو تۇرغۇزۇلغىنى 207، جەرىمانە ۋە مۇسادىرە پۇلى 4 مىليون 448 مىڭ 700 يۈەن، ئاياغلاشتۇرۇلغان دېلو 308، سوتنىڭ ئىجرا قىلدۇرۇپ بېرىشى ئىلتىماس قىلىنغان دېلو بىر.

جاۋ شاۋشۇاڭ، ۋاڭ سۇيپىڭ

## ساختا، ناچار تاۋارلارغا زەربە بېرىش، سۈپەتلىك تاۋارلارنى قوغداش ئەھۋالى

1999 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر سۈپەت ـ تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى ئاپتونوم رايون بويىچە سۈپىتى نۇقتىلىق نازارەت قىلىنىپ كونترول قىلىنىدىغان 30 خىل مەھسۇلاتتى بېكىتتى، 2780 كارخانىنىڭ ماتېرىيالىنى ستاتىستىكا قىلىپ، ئاپتونوم رايوندىكى ئاساسلىق ساناتەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپەت ئەھۋالى ۋە ساقلانغان مەسىلەرنى تەكشۈرۈشنىڭ ئاساسى قىلدى. «ئاپتونوم رايون بويىچە ئاساسلىق مەھسۇلاتلارنى نازارەت قىلىپ كونترول قىلىش مۇندەرىجىسى»نى تۈزۈپ تارقىتىپ، سۈپەت تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرىدىن نۇقتىلىق مەھسۇلاتلارنىڭ تەكشۈرۈلۈش نىسبىتىنى 100%كە يەتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. سۈپەت نازارەت قىلىنغاندىن كېيىنكى بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىنى مۇكەممەللەشتۈردى ۋە قېلىپلاشتۇردى، «ئاپتونوم رايون بويىچە سۈپەت نازارەت قىلىنغاندىن كېيىنكى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ۋاقىتلىق چارىسى»نى تۈزۈپ چىقتى، نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈشتە مەھسۇلات سۈپىتى ئۇدا لاياقەتسىز بولغان ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنى سىبرىق تاختا ئېسىپ ئاگاھلاندۇرۇش، جامائەتچىلىككە ئاشكارىلاش، زاۋۇت باشلىقىنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش تەكلىپىنى بېرىش ۋە تىجارەت كىنىشكىسىنى بىكار قىلىش تەدبىرلىرىنى قوللاندى، لاياقەتسىز مەھسۇلات ئىشلەپچىقارغان 896 كارخانىنى كېيىن بىر تەرەپ قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 676 مەسىلىنى خەت ئارقىلىق ئۇقتۇرۇش قىلىش ۋە بېجىرىشكە يوللاش تەدبىرىنى قوللىنىپ، يەرلىك مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش تارماقلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بەردى. ئۇدا 2 قېتىم نازارەت قىلىش، ئارىلاپ تەكشۈرۈشتە مەھسۇلاتى لاياقەتسىز، سۈپىتىدە مەسىلە ئېغىر كارخانىلارنىڭ 2سى توغرىسىدا مەسئۇل تارماققا زاۋۇت باشلىقىنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى، 15ى توغرىسىدا سودا ـ ساناەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرىغا ئۇلارنىڭ تىجارەت كىنىشكىسىنى بىكار قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. ئۇنجى قارار مەھسۇلاتى لاياقەتسىز كارخانىلارنىڭ زاۋۇت باشلىقى (دىرېكتور) لىرى كۆرسى ئېچىپ، بۇ 57

كارخانىنىڭ مەسئۇلىغا سوپەت قانۇن - تۈزۈمى تەربىيىسى بەردى، دۆلەت سوپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى تۆۋەنىنىڭ بېجىرىشىگە تاپشۇرغان، مەملىكەت بويىچە ئارىلاپ تەكشۈرۈشتە لاياقەتسىز بولغان 5 پاختا كارخانىسىنى تەكشۈرۈدى ۋە تەرتىپكە سېلىپ ئۆزگەرتتى، ئۇلارنى مۇناسىپ جازالاش بىلەن تەڭ 2 قېتىم سوپەتنى ئانالىز قىلىش يىغىنى چاقىرىپ، كارخانىلارنىڭ لاياقەتسىز بولۇش سەۋەبىنى ۋە ئۇنى ھەل قىلىش چارىسىنى ئانالىز قىلىشىغا ياردەم بەردى. بازاردا ساختا، ناچارلىرى كۆپ، سوپەت تەرتىپى قالايمىقان بولغان سۇيۇقلاندۇرۇلغان نېفىت گازى تۇڭى، ئادەتتىكى سىلىكاتلىق سېمونت، سىر (ئاق سىرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، ئالىيۇمىن قېتىشمىلىق بىناكارلىق ماتېرىيالى، بىناكارلىق تازىلىق چاقچۇقى، سۇنىڭ قىرىندا تاختا، چۆكمە سۇ پومپىسى، بىناكارلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۇ ئۆتمەس ماتېرىيال (سۇ ئۆتمەيدىغان يۆگىمە ماتېرىيال، سۇ ئۆتمەس سۇۋالغۇ، ھىملاش ماتېرىيالى)، ئادەتتىكى سۇلياۋ توك سىمىدىن ئىبارەت 9 خىل نۇقتىلىق مەھسۇلاتنىڭ سوپىتىنى مەخسۇس تەرتىپكە سالدى، تاۋار سوپىتىنى تەكشۈرۈپ باشقۇرۇشنى يولغا قويدى ھەم «ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق تاۋارلارنىڭ سوپىتىنى مەخسۇس تەرتىپكە سېلىشنىڭ تەپسىلىي پرىنسىپى»نى تۈزۈپ چىقتى. كېيىنكى يېرىم يىلدا بازار ئەھۋالىغا ئاساسەن يەنە سۇلياۋ يوپۇق، كېسەك چاي، كومبايىن، تراكتوردىن ئىبارەت 4 خىل تاۋار قوشۇلدى. يىل ئاخىرىدا سوپىتى مەخسۇس تەرتىپكە سېلىنىدىغان ۋە تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىدىغان تاۋار 13كە يەتتى. ش ئۇ ئا ر سوپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى 230 كارخانىنىڭ تاۋار سوپىتىنى تەكشۈرۈپ، ئېنىقلاشتا لاياقەتلىك بولغانلارغا 180 لاياقەتنامە تارقىتىپ بەردى. مەھسۇلاتلارنى مەخسۇس تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق ئۈرۈمچى سىر بازىرىدىكى مەھسۇلاتلارنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى ئەسلىدىكى 40%تىن 90%كە ئۆرلىدى، شىنجاڭدىكى كارخانىلار ئىشلىگەن مەھسۇلاتلارنىڭ بازارنى ئىگىلەش نىسبىتى 1998 - يىلدىكىدىن 15% ئۆستى؛ ئالىيۇمىن قېتىشمىلىق ماتېرىياللار بازىرىدا شىنجاڭ «جۇڭخې» شىركىتى ئىشلىگەن مەھسۇلاتلارنىڭ بازارنى ئىگىلەش نىسبىتى 5%تىن 25%كە ئۆرلىدى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، ۋاڭ سۇيپىڭ

## ئۆلچەم بېكىتىش ۋە ئەنگە ئېلىش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر سوپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى 1999 - يىلى «ئۈرۈمچى شەھىرىدە كۆمۈر ئىشلىتىش»، «دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان كالتىسىي سۇلفات»، «ئالقات» قاتارلىقلار توغرىسىدا 10 تۈرلۈك يەرلىك ئۆلچەمنى ئېلان قىلدى. 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە يەرلىك ئۆلچەم 147گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مەھسۇلات ئۆلچىمى 38، ھەممىباب ئۆلچەم 109. مەجبۇرىي ئۆلچەم 39 بولۇپ 26.53%نى، تونۇشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى ئۆلچەم 108 بولۇپ، 73.47%نى ئىگىلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە كارخانا ئۆلچىمىدىن 1446سى قوبۇل قىلىنىپ ئەنگە ئېلىندى، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ ئۆلچىمىدىن 1918ى رويخەتكە ئېلىندى. 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئەنگە ئېلىنغان كارخانا ئۆلچىمى 5415كە، رويخەتكە ئېلىنغان ئۆلچەم 3260قا يەتتى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، ۋاڭ سۇيپىڭ

## خەلقئارا ئۆلچەمنىڭ قوللىنىلىش ئەھۋالى

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر سوپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى 48 كارخانا يوللىغان 103 خىل مەھسۇلاتنى خەلقئارا ئۆلچەمنى قوللىنىش جەھەتتىن باھالىدى، باھالاش ئارقىلىق 44 كارخانىنىڭ 82 خىل مەھسۇلاتىنىڭ خەلقئارا ئۆلچەمنى قوللىنىش تەلىپىگە يەتكەنلىكىنى قەيت قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 30 كارخانىنىڭ 47 خىل مەھسۇلاتى تەڭ دەرىجىلىك ياكى تەڭ ئۈنۈملۈك خەلقئارا ئۆلچەم ياكى چەت ئەللەرنىڭ ئىلغار ئۆلچىمىنى قوللىنىش شەرتىگە لايىق بولۇپ، خەلقئارا ئۆلچەملىك مەھسۇلات بەلگىسىنى قوللىنىش گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى (قوشۇمچە - 1گە قاراڭ)؛ 21 كارخانىنىڭ 35 خىل مەھسۇلاتى تەڭ ئۈنۈملۈك خەلقئارا ئۆلچەمنى قوللىنىش شەرتىگە ئويغۇن بولۇپ، خەلقئارا ئۆلچەمنى قوللىنىشى ئېتىراپ قىلىنغان لاياقەتلىك مەھسۇلات گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى (قوشۇمچە - 2 گە قاراڭ).

جاۋ شاۋشۇاڭ، ۋاڭ سۇيپىڭ

### قوشۇمچە (1)

خەلقئارا ئۆلچەم بەلگىسى ئىشلىتىلسە بولىدىغان مەھسۇلاتلار

L—DRA/A46 بەلگىلىك سوۋۇتۇش ئاپتولى، L—DRA/A68 بەلگىلىك سوۋۇتۇش ئاپتولى (شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىنىڭ قاراماي نېفىت خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى)، 160×19.4×19.4لىق ئاق ساپ پاختا رەخت J14.6T (J40) بەلگىلىك سىلىق پاختا يىپ (شىنجاڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى گورۇھى شىركىتى 1 - ئىيۇل توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ 2 - پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى)، 170cm، 30'×30'، 68×68لىق يىرىك ساپ پاختا رەخت، 32'K (18.2tex)لىق ئادەتتىكى ئاق ساپ پاختا رەخت (شىنجاڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى گورۇھى شىركىتى 1 - ئىيۇل توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ 3 - پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى)، ساپ يۇڭ گۇڭگىجىن، تاق يۈزلۈك ساپ يۇڭ گاباردىيون (شىنجاڭ 3 - يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى)،

C19.5/19.5 127 26.75/26.75 لىك سېپتا رەخت، C19.5tex بەلگىلىك ئاق پاختا يىپ (شىنجاڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى گۇرۇھى شىركىتى 1 - ئىيۇل توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ 1 - پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى)، 27.8tex بەلگىلىك ئادەتتىكى ساپ پاختا يىپ (ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى)، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان، پولىئېتىلېنلىق سۇلياۋ يوپۇق (شىنجاڭ سۇلياۋ باش زاۋۇتى)، يەشىل پەنەركىسى، نۇر قەغەز (شىنجاڭ «تۇنخې» قەغەزچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، قىزىلچا دانچە ئارزىگى، ئاق شېكەر (شىنجاڭ يەنجى شېكەر زاۋۇتى)، چوڭقۇر ئېرىقلىق شارىك (شىنجاڭ شارىك باش زاۋۇتى)، تۆۋەن بېسىملىق ۋېكلىيۇچاتېل ئۈسكۈنىسى (شىنجاڭ سانجى شەھەرلىك ۋېكلىيۇچاتېل زاۋۇتى)، تاق ئۇگىلىك، تاق سۈمۈرگۈچلۈك مەركەزدىن قاچما سۈزۈك سۇ پومپىسى، خىمىيە سانائىتىدە ئىشلىتىلىدىغان تاق ئۇگىلىك، تاق سۈمۈرگۈچلۈك مەركەزدىن قاچما پومپا (شىنجاڭ پومپا زاۋۇتى)، E4303 بەلگىلىك كاربونلۇق پولات كەپشەر چوكىسى (شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» ئېلېكتر كەپشەر چوكىسى زاۋۇتى)، تۆۋەن بېسىملىق ۋېكلىيۇچاتېل ئىشكابى، زىچ غول سىم ئوقۇرى (شىنجاڭ «شۇاڭشىن» ئېلېكتر كونترول قىلىش ئۈسكۈنىلىرى چەكلىك شىركىتى)، ساپ يۇڭ گاباردىيون، ساپ يۇڭ گۇڭسىجىن، يۇڭ - تېرىلىن ئارىلاش نېپىز دۇراپ، ساپ يۇڭ توسجىن (شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» يۇڭ توقۇمىچىلىق پاي چەكلىك شىركىتى)، 18.2tex بەلگىلىك ئادەتتىكى ساپ پاختا يىپ، 27.8tex بەلگىلىك ئادەتتىكى ساپ پاختا يىپ (ئۈرۈمچى «يۈگىخۇاڭ» ئىلمە - توقۇلما باش زاۋۇتى)، ئاق شېكەر (بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 9 - شى «شىيۇ» شېكەر زاۋۇتى)، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان رەڭلىك شالاڭ ئاممونىي نىترات (شىنجاڭ خىمىيە ۋە ئوغۇت زاۋۇتى)، ساپ ئازوت (1 - دەرىجىلىك)، سانائەت ھىدروگېنى (ئەلا دەرىجىلىك)، سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان ئوكسىگېن (ئەلا دەرىجىلىك) (شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ ئوكسىگېن زاۋۇتى)، نېفىت پاراكسىلې (جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز باش شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە شىركىتى)، «رۇنلۇڭ» ئالىيۇمىن - سۇلياۋ قېتىشمىلىق تۇرۇبا (شىنجاڭ «يىنلۇڭ» ئالىيۇمىن - سۇلياۋ تۇرۇبا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، 425 - نومۇرلۇق ئادەتتىكى سىلىكاتلىق سېمونت (ئىلى نەنگاڭ سېمونت زاۋۇتى)، 525 - نومۇرلۇق ئادەتتىكى سىلىكاتلىق سېمونت (ئاقسۇ دولان سېمونت چەكلىك شىركىتى)، 425 - نومۇرلۇق ئادەتتىكى سىلىكاتلىق سېمونت (پىچان «چاڭتو» بىناكارلىق خىمىيە سانائىتى چەكلىك شىركىتى)، 425 - نومۇرلۇق ئادەتتىكى سىلىكاتلىق سېمونت (شىنجاڭ شەرقىي كۆل سېمونت زاۋۇتى)، 525 - نومۇرلۇق ئادەتتىكى سىلىكاتلىق سېمونت (بايىنغولىن ئوبلاستلىق سېمونت زاۋۇتى)، تۇز كىسلاتالىق چاكاندا ئىشقارى، تۇز كىسلاتالىق ساختا چاكاندا ئىشقارى (شىنجاڭ «توفېڭ» دورىگەرلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، تۇز كىسلاتالىق چاكاندا ئىشقارى، تۇز كىسلاتالىق ساختا چاكاندا ئىشقارى (قارشالاڭ ناھىيىلىك ئېفېدرىن زاۋۇتى)، تۇز كىسلاتالىق ساختا چاكاندا ئىشقارى (قۇمۇل «گېجۇەن» دورىگەرلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى).

## قوشۇمچە (2)

**خەلقئارا ئۆلچەم ئىشلىتىشنى ئېتىراپ قىلىنغان مەھسۇلاتلار**

L—HV46 بەلگىلىك مىنېرال ياغ تېپىدىكى ۋە بىرىكمە كاربونلۇق ئازوت تېپىدىكى سۇيۇق بېسىم مېيى، لىتىي ئاساسلىق ھەممىباب سىلىقلاش مېيى، CD40 بەلگىلىك دىزېلماتور ئاپتولى، 85W/90 بەلگىلىك ئېغىر يۈك ئاپتوموبىلى چىشلىق چاق مېيى، (GL—5)، SD40 بەلگىلىك بېنزىن ماتور ئاپتولى (قاراماي شەھىرى مايتاغ «لوڭدا» ئوقەتچىلىك باش شىركىتى)، ئىچىملىك ئىسپىرت (شىنجاڭ يەنجى شېكەر زاۋۇتى)، سۇ بىلەن تەمىنلەشتە ئىشلىتىلىدىغان قاتتىق پولىئېتىلېنلىق (PVC—U) تۇرۇبا (شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» سۇلياۋ زاۋۇتى)، سۇ بىلەن تەمىنلەشتە ئىشلىتىلىدىغان قاتتىق پولىئېتىلېنلىق (PVC—U) تۇرۇبا (شىنجاڭ «تۇنخې» يېڭى بىناكارلىق ماتېرىياللىرى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، سۇ بىلەن تەمىنلەشتە ئىشلىتىلىدىغان قاتتىق پولىئېتىلېنلىق (PVC—U) تۇرۇبا (شىنجاڭ «تيەنيې» پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ 2 - سۇلياۋ زاۋۇتى)، تۈز پېچەت مەتبەئە قەغىزى (شىنجاڭ باغراش قەغەز زاۋۇتى)، ئۈچۈق يۈزلۈك شارىك، كونۇسسىمان شارىك (شىنجاڭ شارىك باش زاۋۇتى)، يۇقىرى بېسىملىق ۋېكلىيۇچاتېل ئۈسكۈنىسى (سانجى شەھەرلىك ۋېكلىيۇچاتېل زاۋۇتى)، چۆكمە سۇ پومپىسى (شىنجاڭ چۆكمە سۇ پومپىسى زاۋۇتى)، CA6110 بەلگىلىك دىزېلماتور پورشىنى، CA6110 بەلگىلىك دىزېلماتور پورشىن ھالقىسى، CA6102 بەلگىلىك دىزېلماتور ئەگرى ئوق ئۆزىكى ۋە تۇتاشتۇرغۇچى دەستە ئۆزىكى (شىنجاڭ 1 - ئاپتوموبىل سەپلىمىلىرى چەكلىك شىركىتى)، مېتال قاپلىق يۇقىرى بېسىملىق ۋېكلىيۇچاتېل ئىشكابى (شىنجاڭ «شۇاڭشىن» ئېلېكتر كونترول قىلىش ئۈسكۈنىلىرى چەكلىك شىركىتى)، مېتىل بېنزول، دىمېتىل بېنزول، بىناكارلىقتا ئىشلىتىلىدىغان 10 - نومۇرلۇق ئاسفالت، بېنزول (شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىنىڭ مايتاغ نېفىت

خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى)، ھەر كۇادرات مېتىرى 52 گراملىق تۈز پىچەت مەتبەئەدە كىتاب ـ ژۇرنال بېسىش قەغىزى (شىنجاڭ «خۇڭۇاڭ» قەغەز زاۋۇتى)، ئىچىملىك ئىسپىرت (بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 9 ـ شىسى «شىنيۇ» شېكەر زاۋۇتى)، سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان ناترىي سۇلفات (بىڭتۈەن قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى «خۇڭشەن» خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى)، سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان ناترىي سۇلفات (بارىكۆل ناھىيىلىك 1 ـ خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى)، سۇمىز سۇيۇق ئاممىياك (شىنجاڭ خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتى)، قىزدۇرۇپ پروكاتلانغان ياپىلاق پولات، قىزدۇرۇپ پروكاتلانغان يان بۆلۈكلىرى تەڭ پولات (شىنجاڭ پولات ـ تۆمۈر (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ كارخانا شىركىتى)، كەپشەرلەپ ئۇلاشقا ئىشلىتىلىدىغان پولات تاختا، قىزدۇرۇپ پروكاتلانغان ياپىلاق پولات، تۆۋەن كاربونلۇق قىزدۇرۇپ پروكاتلانغان يۇمۇلاق پولات تاختا (شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست» پولات ـ تۆمۈر چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، كۆمۈر ئاسفالتى (شىنجاڭ پولات ـ تۆمۈر (گۇرۇھى) شىركىتىنىڭ كوكس چەكلىك شىركىتى)، نېفىتنىڭ كوكسلىشىشىنى كېچىكتۈرىدىغان، تولۇق سەرپ سىستېمىسىغا ئىشلىتىلىدىغان 3B، L－AN7 بەلگىلىك ماي (جۇڭگو نېفىت ـ تەبىئىي گاز باش شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى شىركىتى).

## يېزا ئىگىلىكىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش خىزمىتى

1999 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر سۇپەت ـ تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى رايون ئەۋزەللىكىگە ئىگە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە يېزا ئىگىلىكتە داڭلىق ماركا ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشنى چۆرىدەپ، ئالقات، قوغۇن، تورپان ئۈزۈمى، مۇناقى ئۈزۈم، ھىلەڭ موگۇ قاتارلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئۆلچىمىنى تۈزۈپ چىقتى. قوغۇن ئۇرۇقى ۋە قوغۇننىڭ مەملىكەتلىك ئۆلچىمىنى تۈزۈش پىلانىنى دۆلەت سۈپەت ـ تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسىغا تەستىقلاتتى ھەم دۆلەتلىك ئۆلچەمنى تۈزۈش ۋەزىپىسىنى تۇنجى قېتىم ئۈستىگە ئالدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 61 ناھىيە (شەھەر) دە يېزا ئىگىلىكىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 55 ناھىيە (شەھەر) دە بۇ خىزمەت قانات يايدۇرۇلۇپ، ناھىيە دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ئۆلچىمىدىن 186سى تۈزۈلدى. 15 ناھىيە (شەھەر) ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىكنى ئۆلچەملەشتۈرۈشتىكى 2 ـ تۈركۈم ئۈلگە ناھىيە (شەھەر) قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، ۋاڭ سۇيپىڭ

## «15 ـ مارت» تەشۋىقات پائالىيىتى

1999 ـ يىل 3 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر سۇپەت ـ تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى بىخەتەر، ساغلام ئىستېمال قىلىش تېمىسىنى چۆرىدەپ، «15 ـ مارت» ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش كۈنى تەشۋىقاتى پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. تېببىي داۋالاش ماشىنا ـ سايمانلىرى، مىقدارلىق ئۆلچەش ئاۋارلار، يېمەكلىك ۋە گىرىم بۇيۇملىرىنىڭ ماركىلىرى، كىيىم ـ كېچەك، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى، كۈنجۈت يېغى قاتارلىق تاۋارلار ھەم مۇلازىمەت مۇئەسسەسىلىرىنى سۈپەت قانۇنىنى ئىجرا قىلىش نۇقتىسىدىن نازارەت قىلدى ۋە تەكشۈردى. ئىستېمالچىلار جەمئىيىتى، سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى بىلەن بىرلىشىپ ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى چاقىرىپ، 10 خىل تاۋارنى نازارەت قىلىش ۋە ئارىلاپ تەكشۈرۈش ئەھۋالىنى مەلۇم قىلدى. 3 ـ ئاينىڭ 14 ـ، 15 ـ كۈنلىرى ئۈرۈمچى «تەڭرىتاغ» تۈرلۈك ماللار سودا بىناسىدا «15 ـ مارت» خەلقئارا ئىستېمالچىلار ھوقۇق ـ مەنپەئىتى كۈنى تەشۋىقات، مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمىتى پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، ئەرز قىلىش، قانۇندىن مەسلىھەت بېرىش، راست، ساختا، ناچار تاۋارلارنى پەرق ئېتىش، تەكشۈرۈش، ساختىلىقتىن ساقلىنىش تېخنىكىسىنى كۆرسىتىش ئورۇنلىرىنى تەسىس قىلىپ، نەق مەيداندا ئىستېمالچىلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلدى. كۈتۈۋېلىنغان، مەسلىھەت بېرىلگەن، مۇلازىمەت قىلىنغانلار 275 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى، 170 نەچچە تاۋار ھەقسىز تەكشۈرۈلدى، ئىستېمالچىلارنىڭ 48 ئەرزى قوبۇل قىلىنىپ، 23ى نەق مەيداندا ھەل قىلىندى، ئاخبارات ئورۇنلىرىدا 114 پارچە ماقالە ئېلان قىلىندى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، ۋاڭ سۇيپىڭ

## 1999 ـ يىللىق تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىنى ئارىلاپ سۈپەت تەكشۈرۈش پائالىيىتى

1999 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىن 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر سۈپەت ـ تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى ساختا، ناچار تاۋارلارنى زەربە بېرىپ، سۈپەتنى چىڭ تۇتۇپ، بازارنىڭ نورمال ئىقتىسادىي تەرتىپىنى قوغداش تېما قىلىنغان 1999 ـ يىللىق تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىنى ئارىلاپ سۈپەت تەكشۈرۈش پائالىيىتىنى ئويۇشتۇردى. ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە سانجى ئوبلاستىدا تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان ساختا گاز ئوچىقى، ناچار كىيىش ماشىنىسى، ساختا توك

سىمى ۋە كابېل، ناچار تازىلىق سايمانلىرى، لاياقەتسىز دىزېلىن، ماتراس، سېمونت، ناچار روزىېتكا، يېگىلانغان كونا كلاپان قاتارلىقلارنى خەۋەر قىلدى؛ قەرەللىك بازاردىكى ئۆلچەش ئەسۋابلىرى، سودىدا ھېساب بوغۇشتا ئىشلىتىلىدىغان 3 سايماننى مەجبۇرىي تەكشۈرۈش ئەھۋالى ۋە تىجارەت ئورۇنلىرىدىكى يېمەكلىك ماركىلىرىنى تەكشۈردى ۋە خەۋەر قىلدى؛ قۇتۇبى ناھىيىسىدىكى مەلۇم سودا سارايىنىڭ مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلغان، قانۇننى ئىجرا قىلغۇچىلارنى ئۇرغان دىرېكتورنى ئاخبارات ۋاستىلىرىدا سۆكتى؛ تونجى قېتىم ئۆيۈشتۇرۇلغان نازارەت قىلىش ۋە ئارىلاپ تەكشۈرۈشتە مەھسۇلات سۈپىتى لاياقەتسىز بولغان كارخانىلارنىڭ زاۋۇت باشلىقى (دىرېكتورى) كۆرسىمى ۋە سۈپەت مەسئۇلىنى ئېغىر 2 كارخانا باشلىقىنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىپ بىر تەرەپ قىلىنغاندىن كېيىن خەۋەر قىلدى. 11 ئاخبارات ئورنىدىن كەلگەن 16 مۇخبىر پائالىيەتكە قاتناشتى ۋە 92 پارچە ماقالە ئېلان قىلدى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، ۋاڭ سۈيپىڭ

## مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىشنى تەكشۈرۈش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى 1999 - يىلى يېڭى يىل، باھار بايرىمى، روزى ھېيت، قۇربان ھېيت مەزگىللىرىدە 13 مىڭ 42 ئادەم (قېتىم) نى سەپەرۋەر قىلىپ، 92 مىليون 437 مىڭ 400 يۈەنلىك تاۋارنى تەكشۈرۈپ، 2 مىليون 397 مىڭ 200 يۈەنلىك ساختا، ناچار تاۋارنى ئېنىقلىدى، ناچار ئۆلچەش ئەسۋابىدىن 3233نى مۇسادىرە قىلدى، تىجارەت ئورنىدىن 2478نى جازالىدى، ناچار تاۋار ئىشلەپ سېتىش ئۆۋۈسىدىن 47نى بىتچىت قىلدى، 7 دېلونى ئەدلىيە ئورگانلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. 20 مىڭ 625 دۇكاننى، 429 ھەرخىل بازارنى تەكشۈردى، 16 مىڭ 405 تۈركۈم (قېتىم) تاۋارنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈردى، بۇنىڭ 7676 خىلى لاياقەتلىك بولدى؛ دۇكانلار ئىشلىتىۋاتقان 11 مىڭ 230 دانە ئۆلچەش ئەسۋابىنى تەكشۈردى، بۇنىڭ 9372سى لاياقەتلىك بولدى؛ 5879 تۈركۈم (قېتىم) مىقدارلىق ئورالما تاۋارنى تەكشۈردى، بۇنىڭ 4688 تۈركۈم (قېتىم) ى لاياقەتلىك بولدى، 2 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايوندىكى سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى تارماقلىرى قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلاردىن 6842 ئادەم (قېتىم) نى سەپەرۋەر قىلىپ، 2 مىليون 425 مىڭ يۈەنلىك ناچار يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىدى، كەسپىي بازاردىن 80نى، كەسپىي سودا رەستىسىدىن 24نى، سودا دۇكىنىدىن 2327نى تەكشۈرۈپ، ناچار مەھسۇلات ساتقان 398 دۇكان، 134 ياپىسنى بىر تەرەپ قىلدى، ناچار مەھسۇلات ئىشلەش ئۆۋۈسىدىن 4نى بىتچىت قىلدى. قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 659نى بىر تەرەپ قىلدى، 11 دېلونى ئەدلىيە ئورگانلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى تارماقلىرى قانۇننى ئىجرا قىلغۇچىدىن 1953 ئادەم (قېتىم)نى سەپەرۋەر قىلىپ، 1 مىليون 141 مىڭ يۈەنلىك ناچار بىناكارلىق ماتېرىياللىرى مەھسۇلاتلىرىنى قولغا چۈشۈردى، مەخسۇس بازاردىن 21نى، مەخسۇس سودا رەستىسىدىن 6نى، سودا دۇكىنىدىن 455نى تەكشۈرۈپ، ناچار تاۋار ساتقان 101 دۇكاننى، 13 ياپىسنى بىر تەرەپ قىلدى، ناچار مەھسۇلات ئىشلەش ئۆۋۈسىدىن 5نى بىتچىت قىلدى، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 135نى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى. دۆلەت بايرىمى مەزگىلىدە بازاردا مەخسۇس قانۇن ئىجرا قىلىش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى، كۈز پەسىللىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش مەزگىلىدە سېتىۋېلىشتا ئۆلچەم قانۇننى ئىجرا قىلىشنى ئورۇنلاشتۇردى. بىر يىلدا 14 مىڭ 289 دېلو قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ 8285 ى ئۈستىدىن نەق مەيداندا جازالاش قارارى چىقىرىلدى، 6004ى ئۈستىدىن ئارخىپ تۇرغۇزۇلدى؛ 13 مىڭ 175 دېلوغا چېتىشلىق خادىملارغا مەمۇرىي جازا بېرىلدى، 11 مىڭ 885 دېلو ئۈستىدىكى جازا نەقلەشتۇرۇلدى، 806 ھەق - تەلەپ ماجىراسى كېلىشتۈرۈلدى، 26 دېلو قايتا قاراپ چىقىلدى، بىر دېلونىڭ ئىلتىماسى قايتۇرۇلدى، 15 دېلو ئۈستىدىكى ئەسلى ھۆكۈم ساقلاپ قېلىنىدى، 7 دېلو ئۈستىدىكى ھۆكۈم ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، 3 دېلو ئۈستىدىكى ئەسلى ھۆكۈم ئۆزگەرتىلدى. دەۋا دېلوسىدىن 14ى قوبۇل قىلىنىپ، 3ى بىكار قىلىنىدى، 8 دېلو ئۈستىدىكى ئەسلى ھۆكۈم ساقلاپ قېلىنىدى، بىر دېلو ئۈستىدىكى ئەسلى ھۆكۈم بىكار قىلىنىدى، 2 دېلو ئۈستىدىكى ئەسلى ھۆكۈم ئۆزگەرتىلدى. 225 ھۆكۈمنى ئىجرا قىلدۇرۇپ بېرىش سوت مەھكىمىسىگە ئىلتىماس قىلىنىدى، جەرىمانە ۋە مۇسادىرە سوممىسى 21 مىليون 187 مىڭ 500 يۈەنگە، ساقلاپ قېلىنغان ئىقتىسادىي زىيان 27 مىليون 823 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، ۋاڭ سۈيپىڭ

## ئىجتىمائىي ئادىل ئۆلچەم ۋاستىچى ئاپپاراتلىرى

ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى 1999 - يىلى 6 ئورۇننىڭ ئىجتىمائىي ئادىل ئۆلچەم پونكىتى

قۇرۇشنى تەستىقلىدى. سانجى شەھەرلىك «فاڭجىلى» ئادىل ئۆلچەش ئورنى، سانجى ئۆي - زېمىننى ئادىل ئۆلچەش پونكىتى، ساۋەن ناھىيىلىك «فاڭيۈەن» ئادىل ئۆلچەش ئورنى، ماناس ناھىيىلىك «فاڭيۈەن» ئادىل ئۆلچەش ئورنى، يەنجى ناھىيىلىك «فاڭجىلى» ئادىل ئۆلچەش پونكىتىغا ئۆلچەش گۇۋاھلىقى بەردى، بۇ ئورۇنلار ئۆز مەمۇرىي رايونلىرى ئىچىدە جەمئىيەتنى ئادىل ئۆلچەش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە 6 ئىجتىمائىي ئادىل ئۆلچەش ئورنى (پونكىتى) تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆلچەش گۇۋاھلىقىدىن ئۆتتى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، ۋاڭ سۇيپىڭ

## ئۆلچەم سايمانلىرىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر سۇپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى 1999 - يىلى «ئاپتونوم رايوننىڭ پارچە سېتىلىدىغان تاۋارلارنى ئۆلچەش سايمانلىرىنى سەپلەش، ئىشلىتىش تۇغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى» نى تۈزۈپ تارقاتتى. دۆلەت سۇپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايون بويىچە 6 خىل نۇقتىلىق ئۆلچەش سايمىنىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان 6 كارخانىنى قايتا تەكشۈرۈپ كىنىشكىسىنى ئالماشتۇردى ھەم ئۆلچەش سايمانلىرىنى ئىشلەيدىغان كارخانىلارنى نازارەت قىلدى ۋە ئارىلاپ تەكشۈردى، 5 خىل نۇقتىلىق ئۆلچەش سايمىنىنى قايتا تەكشۈرۈپ كىنىشكىسىنى ئالماشتۇردى. 6 ئورۇننىڭ 6 خىل يېڭى ئۆلچەش سايمىنى ئەۋرىشكىسىنى تەكشۈرۈپ بېرىش ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلدى ھەم ئەۋرىشكىلىرىنى تەكشۈرۈپ بېرىشنى ئورۇنلاشتۇردى. 4 ئورۇن ياسىغان ئۆلچەش سايمانلىرىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى تاماملاپ، ئۇلارغا «ئۆلچەش سايمانلىرىنى ياساش ئىجازەتنامىسى» نى بەردى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە 49 خىل يېڭى ئۆلچەش سايمىنى ئەۋرىشكىسى تەكشۈرۈپ بېرىلدى، 58 كارخانا ئاپتونوم رايون تارقاتقان «ئۆلچەش سايمانلىرىنى ياساش ئىجازەتنامىسى» گە ئېرىشتى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، ۋاڭ سۇيپىڭ

## ئۆلچەملەرنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر سۇپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى 1999 - يىلى 4 قارار ئۆلچەملەرنى تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچىلەر كۇرسى ئاچتى، تۇنجى قېتىم ئۇيغۇر تىلىدا دەرس ئۆتۈشنى ئورۇنلاشتۇردى ۋە ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلدۇردى، 276 ئۆلچەم بېكىتكۈچى (قېتىم) تەربىيىلەندى، 67 ئۆلچەم بېكىتكۈچى (قېتىم) ۋاكالىتەن تەربىيىلەندى. ئالدىنقى بىرنەچچە يىلدا ئاپتونوم رايون بويىچە مەجبۇرىي تەكشۈرۈلىدىغان ئۆلچەش ئەسۋابلىرىنىڭ سانى ۋە تەكشۈرۈلۈش ئەھۋالىنى تەكشۈردى، ئاپتونوم رايون بويىچە مەجبۇرىي تەكشۈرۈلىدىغان ئۆلچەش سايمانلىرىنىڭ ئەھۋالى دەسلەپكى قەدەمدە ئېنىقلاپ چىقىلدى: تەكشۈرۈپ بېرىلگەن ئۆلچەش سايمانلىرى 420 مىڭ دانىگە، تەكشۈرۈپ بېرىلىش نىسبىتى %62كە، تەكشۈرۈپ بېرىشتە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %85كە يەتتى. شىنجاڭ ئۆلچەملەرنى سىناش، تەتقىق قىلىش ئورنى گاز سائىتى، گاز ئېقىم مىقدارى سائىتى، پورشىنلىق ئۆلچەش ئەسۋابى، CT ئاپپاراتى قاتارلىق ئۆلچەش تۈرلىرىنى يېڭىدىن تۇرغۇزدى، يىل ئاخىرىغىچە مەزكۇر ئورۇن بويىچە تۇرغۇزۇلغان جامائەت ئۆلچەم ستاندارتى 116گە يەتتى، بۇلار بىلەن 10 چوڭ تۈردىكى 400 نەچچە خىل ئۆلچەش سايمىنىنى سىناش ۋە رېمونت قىلىش ئىشىنى قىلغىلى بولىدۇ. ئۆلچىمى تەكشۈرۈلگەنلەرنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %100كە يەتتى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن ئۆلچەش سايمىنى 461 مىڭ 408 دانىگە، بۇنىڭ ئىچىدە مەجبۇرىي تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن ئۆلچەش سايمىنى 411 مىڭ 750 دانىگە يەتتى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، ۋاڭ سۇيپىڭ

## ئۆلچەم نازارەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر سۇپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى 1999 - يىلى تاۋار ئۆي كۆلىمىنىڭ ئۆلچىمىنى نازارەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى ھەم تاۋار ئۆي ساتقۇچى تەرەپ بىلەن بىللە ئۆلچىمى لاياقەتلىك بىنا (مەھەللە) نى بېكىتىش خىزمىتىنى ئىشلىدى، لاياقەتلىك تاۋار ئۆيلەرگە لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى ۋە ۋېۋىسكا بەردى. ئىستېمالچىلارنىڭ سېتىلغان تاۋار ئۆي كۆلىمىگە دائىر مەسلىھەت سوراش ۋە ئەرز قىلىش تېلېفونلىرىدىن 100 نەچچە (قېتىم) سىگە جاۋاب بەردى، ھال ئېيتقۇچىلارنى 60 نەچچە ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋالدى، ئادىل ئۆلچەش پونكىتلىرىنى ئىستېمالچىلار ئەرز قىلغان 16 كورپۇس تاۋار ئۆينى ئەمەلىي ئۆلچەشكە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىستېمالچىلارنى 200 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ئىقتىسادىي زىياندىن قۇتقۇزۇپ قالدى. ئۈرۈمچى رايونىدىكى قەرەللىك بازار ۋە دۆلەت بازىرىدىكى مىقدارلىق ئورالما تاۋارلار ۋە ئۆلچەش سايمانلىرىنى ئارىلاپ تەكشۈردى، ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەن 17 خىل، 30 تۈركۈم (قېتىم) تاۋارنىڭ 28 تۈركۈم (قېتىم) ى لاياقەتلىك بولدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %93كە يەتتى؛ ئارىلاپ

تەكشۈرۈلگەن 120 دانە ئۆلچەش سايمىنىدىن 98ى لاياقەتلىك بولدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %82كە يەتتى؛ نەق مەيداندا ئارىلاپ تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن 120 دانە ئۆلچەش سايمىنىدىن 76سى لاياقەتلىك بولدى. لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %63كە يەتتى؛ پارچە سېتىلىدىغان سۇ ۋە دېڭىز مەھسۇلاتلىرىنى تەكشۈرگەندە، كەم چىقىلىنىش مىقدارى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %20تىن يۇقىرى بولدى. قانۇنغا ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا نەق مەيداندا ئىقتىسادىي جازا بەردى ۋە لاياقەتسىز ئۆلچەش سايمانلىرىنى مۇسادىرە قىلدى. ئۈرۈمچى رايونىدىكى دوختۇرخانىلار ئىشلىتىۋاتقان تېببىي داۋالاش سايمانلىرىنى 2 قېتىم نازارەت قىلدى ۋە تەكشۈردى، ئۇلارنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %68 بولدى، 14 دوختۇرخانىنىڭ CT16 ئاپپاراتىنى تەكشۈرگەندە، 2 سى لاياقەتلىك بولدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %12.5 بولدى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، ۋاڭ سۇيىڭ

## تەكشۈرۈش - ئۆلچەش تەجرىبىخانىلىرىنىڭ باشقۇرۇلۇش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى 1999 - يىلى بىر قارار ئۆلچەمگە كۆۋاھلىق بېرىش، باھالاش خادىملىرى كۇرسى ئاچتى، سىناش ئارقىلىق شەرتكە ئۇيغۇن كەلگەن 60 ئادەمنى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئۆلچەمگە كۆۋاھلىق بېرىش، باھالاش خادىملىقىغا تەكلىپ قىلدى. بىر يىلدا 25 ئۆلچەش - تەكشۈرۈش تەجرىبىخانىسى ئۆلچەم كۆۋاھلىقىدىن ئۆتكۈزۈلدى (قوشۇمچە جەدۋەلگە قاراڭ)، قەرەلى توشقان 23 تەكشۈرۈش - ئۆلچەش تەجرىبىخانىسىنى قايتا تەكشۈرۈپ، باھالاپ، كىنىشكىسىنى ئالماشتۇردى، 5نىگە يەككە تۈر بويىچە كۆۋاھلىق بەردى، ئۆلچەم كۆۋاھلىقىدا لاياقەتلىك بولۇش كۆۋاھنامىسىنىڭ ۋاقتى توشۇپمۇ يۇقىرىغا ئىلتىماس سۇنمىغان ۋە قايتا تەكشۈرۈشتە ئۆلچەمگە كۆۋاھلىق بېرىش شەرتىگە ئۇيغۇن كەلمىگەن 9 ئاپپاراتنىڭ ئۆلچەمگە كۆۋاھلىق بېرىش لاياقىتى كۆۋاھنامىسى بىكار قىلىندى. «ئۆلچەم قانۇنى» ئېلان قىلىنغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايون بويىچە 329 تەكشۈرۈش، ئۆلچەش تەجرىبىخانىسىنى ئۆلچەم كۆۋاھلىقىدىن ئۆتكۈزدى. ئۆلچەمگە كۆۋاھلىق بېرىش لاياقەتنامىسى ئالغان 22 تەجرىبىخانىنى نازارەت قىلدى ۋە تەكشۈردى. قانۇن بويىچە ھوقۇق بېرىلگەن ش ئۇ ئا ر رەت نومۇرى سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش پونكىتىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىپ، كىنىشكا بېرىشكە قوشۇلدى، مەھسۇلات سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش پونكىتىدىن 2نى قايتا تەكشۈردى. قانۇن بويىچە تەسىس قىلىنغان قىزىلسۇ ئوبلاستلىق مەھسۇلات سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش ئورنى، ئالا تەكشۈرۈش پونكىتىنى ئۆلچەم كۆۋاھلىقىدىن ئۆتكۈزدى. قىزىلسۇ ئوبلاستلىق مەھسۇلات سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش ئورنىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىپ، كىنىشكا بەردى، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق مەھسۇلات سۈپىتىنى تەكشۈرۈش ئورنىدىن 2نى قايتا تەكشۈردى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە 15 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە شىخەنزە شەھىرىدىكى مەھسۇلات سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش ئورۇنلىرى ئۆلچەم كۆۋاھلىقى ۋە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن، ئالا تەكشۈرۈش پونكىتلىرى ئۆلچەم كۆۋاھلىقىدىن ئۆتۈپ، كۆۋاھنامە ئالدى. قىزىلسۇ ئوبلاستلىق ئۆلچەم تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئورنى ۋە ناھىيە دەرىجىلىك 26 ئۆلچەم تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئورنىنى سىناپ كىنىشكا بەردى، يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە قانۇندا بەلگىلەنگەن ئۆلچەمنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئاپپاراتلىرىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى پۈتۈنلەي ئاياغلاشتى، ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىك ئۆلچەم ئورنىدىن 16سى، كەسپىي ئۆلچەم پونكىتىدىن 3ى، ناھىيە دەرىجىلىك ئۆلچەم ئورنىدىن 77سى تەكشۈرۈلدى، «قانۇندا بەلگىلەنگەن ئۆلچەمنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئاپپاراتلىرىغا ئۆلچەش ھوقۇقى بېرىش كۆۋاھنامىسى» دىن 96سى تارقىتىلدى. ئۆلچەم لاياقەتنامىسى ئالغان تەكشۈرۈش - ئۆلچەش ئاپپاراتىدىن 30ى نازارەت قىلىندى ۋە تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە مۇشۇ سىستېمىدىكى ئورۇن 5.8 تەكشۈرۈش - ئۆلچەش ئاپپاراتىنى تەرتىپكە سېلىش، ئۆزگەرتىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، ۋاڭ سۇيىڭ

### قوشۇمچە:

**1999 - يىلى ئۆلچەم كۆۋاھلىقىدا لاياقەتلىك بولغان ئورۇنلار**

شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىنىڭ كىران تەكشۈرۈش پونكىتى، شىنجاڭ مايتاغ نېفىت خىمىيەت سانائىتى باش زاۋۇتى تەتقىقات يۇرتىنىڭ نېفىت خىمىيەت سانائىتى مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرۈش - ئۆلچەش مەركىزى، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىنىڭ شەرقىي جۇڭغار تەكشۈرۈش - ئېچىش تەتقىقات ئورنىنىڭ تەجرىبىخانىسى، كۈيتۇڭ شەھەرلىك پولات تۇڭ تەكشۈرۈش پونكىتى، شىنجاڭ سىمسىز تېلېگراف تەكشۈرۈش پونكىتى، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش باشقارمىسىنىڭ ئاپتوموبىل تەكشۈرۈش پونكىتى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك بىناكارلىق - قۇرۇلۇش سۈپىتىنى تەكشۈرۈش مەركىزى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك «خېدۇڭ» يۇندا بىر تەرەپ قىلىش زاۋۇتىنىڭ تەجرىبە مەركىزى، ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونلۇق بىناكارلىق باش شىركىتىنىڭ

تەجرىبىخانىسى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مۇھىت ئاسراش - كۆزىتىش پونكىتى، ئىلى ئوبلاستلىق بىناكارلىق - قۇرۇلۇش سۈپىتىنى نازارەت قىلىش مەركىزىي پونكىتى، غەربىي جەنۇبىي تارىم تەكشۈرۈش - ئېچىش شىركىتىنىڭ بىناكارلىق ماتېرىياللىرى تەجرىبىخانىسى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك مۇھىت ئاسراش - كۆزىتىش پونكىتى، ئۈرۈمچى تۆمۈر يول ئىدارىسىنىڭ قۇمۇل مۇھىت كۆزىتىش پونكىتى، شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ يەم - بوغۇز تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ تاماكا سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش پونكىتى، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق تالا تەكشۈرۈش ئورنى، چۆچەك شەھەرلىك ساقلىق ساقلاش - يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى، شىنجاڭ سىزىقلىق نومۇرنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش تەكشۈرۈش پونكىتى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ساقلىق ساقلاش - يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى، ئۈرۈمچى تۆمۈر يول ئىدارىسىنىڭ قۇمۇل ساقلىق ساقلاش - يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق ساقلىق ساقلاش - يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى، ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونلۇق ساقلىق ساقلاش - يۇقۇمدىن ساقلىنىش - ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى، سانجى شەھەرلىك ساقلىق ساقلاش - يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق مەھسۇلات سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش ئورنى.

## تۇرغۇزۇلغان ئۆلچەملەرنى سىناپ كۆرۈش ۋە ھوقۇق بېرىپ باھالىتىش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى 1999 - يىلى 63 ئورۇننىڭ 242 ئۆلچەم ستاندارتىنى ئۆلچەم تۇرغۇزۇش نۇقتىسىدىن تەكشۈردى ۋە قەرەللى توشقانلارنى قايتا تەكشۈردى. قايتا تەكشۈرۈلگەن ئۆلچەم 203، يېڭىدىن تۇرغۇزۇلغان ئۆلچەم 39 بولدى. ئۆلچەم ستاندارتى لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسىدىن 250نى، جەمئىيەت ئۆلچەم ستاندارتىدىن 6 يۈرۈشنى تارقاتتى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايوندىكى سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى تارماقلىرىنىڭ سىناپ كۆرۈشىدە لاياقەتلىك بولغان، قەرەللى ئۆتۈپ كەتمىگەن ئۆلچەم ستاندارتى 1063كە يەتتى. ئۆلچەم تەكشۈرۈش ھوقۇقى بېرىشنى ئىلتىماس قىلغان 21 ئورۇن تەكشۈرۈلدى، تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولغان 7 ئورۇنغا جەمئىيەتتە ئىشلىتىلىدىغان 30 ئۆلچەم ستاندارتىنى مەجبۇرىي تەكشۈرۈپ بېكىتىش ۋە غەيرىي مەجبۇرىي تەكشۈرۈپ بېكىتىش خىزمىتىنى ئىشلەش، 14 ئورۇنغا ئىچكى قىسىمدا ئىشلىتىلىدىغان 48 ئۆلچەم ستاندارتىنى مەجبۇرىي تەكشۈرۈپ بېكىتىش ۋە غەيرىي مەجبۇرىي تەكشۈرۈپ بېكىتىش خىزمىتىنى ئىشلەش ھوقۇقى بېرىلدى، يىل ئاخىرىغا قەدەر 43 ئورۇنغا ھوقۇق بېرىلدى، 186 تۈر بويىچە جەمئىيەتتە ئۆلچەم تەكشۈرۈپ بېكىتىش خىزمىتى ئىشلەندى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، ۋاڭ سۈيپىڭ

## ئۆلچەم ئۇچۇرى خىزمىتى

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر تەشكىلىي ئاپپاراتلىرىنىڭ ۋاكالەت نومۇرىنى باشقۇرۇش مەركىزى ئاپتونوم رايوندىكى ۋاكالەت نومۇرى بۆلەكلىرىنى سىلىقلاشتۇرۇپ تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى، ئۈرۈمچى رايونىنىڭ ۋاكالەت نومۇر بۆلەكلىرىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ سىستېمىلىق رەتكە سالدى، «ئۈرۈمچى رايونىنىڭ ۋاكالەت نومۇرلىرىنى رايون بۆلەكلىرىگە تەقسىملەش جەدۋىلى» ۋە «ئاپتونوم رايوننىڭ ۋاكالەت نومۇرلىرىنى رايون بۆلەكلىرىگە تەقسىملەش جەدۋىلى»نى ئىشلەپ چىقتى. سودا - سانائەت، باج قاتارلىق تارماقلار بىلەن ھەمكارلىشىپ رايون دەرىجىلىك 1000دىن ئارتۇق كارخانىنىڭ ۋاكالەت نومۇر كىنىشكىسىنى تەكشۈردى، 200 نەچچە كارخانىنىڭ ۋاكالەت نومۇر كىنىشكىسىنى يىغىۋالدى، ۋاكالەت نومۇر كىنىشكىسىنىڭ قەرەللى توشقان، ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىك بولۇپ قالغان ئورۇنلار ۋە كىنىشكىسى يوق ئورۇنلارنى ئېنىقلاپ چىقتى، ئىلگىرىدىن قېلىپ قالغان نومۇر خاتالىقلىرىنى تۈزەتتى، كۈيتۇڭ، قاراماي، سانجى، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا IC كارتىسىدىن 7300نى تارقاتتى. بىر يىلدا 38 مىڭ 200 ۋاكالەت نومۇرى كىنىشكىسىنى يەڭگۈشلەپ بەردى ۋە يېڭىدىن بېجىرىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايون بويىچە تارقىتىلغان ۋاكالەت نومۇر كىنىشكىسى يىل ئاخىرىدا 159 مىڭ 486گە يەتتى. ۋاكالەت نومۇر ئۇچۇرى مەسلىھەت مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، خەلق ئىشلىرى نازارىتىنى 634 سانلىق ئاساس بىلەن تەمىنلىدى، باج تارماقلىرىغا 1800 سانلىق ئاساسنى سۈزۈشتۈرۈپ بەردى، «ئۈچ بىر» قۇرۇلۇشىنى 1300 سانلىق ئاساس بىلەن تەمىنلىدى، ج خ، تەپتىش، سوت قاتارلىق تارماقلارغىمۇ نۇرغۇن ئۇچۇر يەتكۈزۈپ مۇلازىمەت قىلدى. دۆلەت رەت نومۇرى مەركىزى چۈشۈرگەن رەت نومۇرنىڭ سۈپىتىنى بازاردا تەكشۈرۈش خىزمىتى، ئاپتونوم رايوندا ئاق ھاراقلارغا دائىر سانلىق ئاساسلارنى يىغىش خىزمىتىنى ئىشلەپ بولدى، بىر يىلدا رەت نومۇر سانلىق ئاساسىدىن 69ى توپلاندى، 48ى يۇقىرىغا يوللاندى، شۇنىڭ بىلەن يىغىلىپ بولغان رەت نومۇرى سانلىق ئاساسى 117گە يەتتى. ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ش ئۇ ئا ر رەت نومۇرى سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش پونكىتى قۇرۇلدى، بۇ پونكىت ئىشقا كىرىشىپ، 18 مەتبەئە كارخانىسىنى ئايرىلاپ تەكشۈردى، تەكشۈرۈلگەن رەت نومۇرى 40 تۈركۈم (قېتىم) گە يەتتى. 272 كارخانىغا

2170 پارچە، 1085 يۈرۈش لېنتا ئىشلەپ بەردى، 17 كارخانىغا رەت نومۇرى سۈپىتىنى ياخشىلاش توغرىسىدا پىكىر بېرىپ، كارخانىلارنىڭ رەت نومۇرىنىڭ بېسىلىش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم قىلدى. تاۋار رەت نومۇرى سىستېمىسىغا 110 يېڭى ئەزا قوبۇل قىلدى، 101 ئەزانى قايتا تەكشۈرۈپ يۇقىرىغا يوللىدى، ئۇلاردىن 93ى تەستىقلاندى، 63ى رويخەتتىن ئۆچۈرۈلدى، قايتا تەكشۈرۈش نىسبىتى %65كە يەتتى.

بىر يىلدا 1999 - يىلى نەشر قىلىنغان دۆلەت ئۆلچەملىرى ۋە 30 نەچچە خىل ساھە ئۆلچىمى يىغىلدى، ئەڭ يېڭى دۆلەت ئۆلچىمى مۇندەرىجىسى ۋە ئالاقىدار ساھە ئۆلچىمى مۇندەرىجىسى يىغىلىپ بولدى. بىر يىلدا تورغا ئايرىلغان ئۆلچەم 498گە، خاتىرىگە ئېلىنغان يېڭى سېتىۋېلىنغان ئۆلچەم 2128گە يەتتى، 1880 كارتا ئىشلەندى، ئۆلچەمگە ۋەكىللىك قىلىدىغان 744 سانلىق ئاساس ئامبىرى تۈزىتىلدى. ئەڭ يېڭى ئۆلچەم مۇندەرىجىسىگە قاراپ، ئۆلچەم ئامبىرىدىكى ئۆلچەملەر رەتكە سېلىنىپ، 540 ئۆلچەم شاللىۋېتىلدى. ساقلىنىۋاتقان ئۆلچەملەر يىل ئاخىرىدا 114 مىڭ 55كە يەتتى. بىر يىلدا سوراشتۇرۇپ كەلگەنلەر 2036 ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە كومپيۇتېردا تەكشۈرۈپ بېرىشنى سوراپ كەلگەنلەر 379 ئادەم (قېتىم)، ئۇلارغا 773 ئۆلچەم تېپىپ بېرىلدى، ئۆلچەمگە جىددىي ھاجىتى چۈشكەن 59 ئورۇنغا 131 قېتىم ئۆلچەم تېپىپ بېرىلدى. تورغا 21 ئورۇن يېڭىدىن قوبۇل قىلىندى، تور ئەزاسى 269غا يەتتى. تور ئەزالىرىغا 6 سان «ئۆلچەم ئۇچۇرى» ئەۋەتىپ بېرىلدى، تورغا ئەزا 72 ئورۇنغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10 قېتىمدىن ئارتۇق مۇلازىمەت قىلىندى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، ۋاڭ سۈيپىڭ

### ئۆلچەمسىز ئىشلەپچىقىرىشنى تۈگىتىش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى 1999 - يىلى ئۆلچەمسىز ئىشلەپچىقىرىشنى تۈگىتىشتە دۆلەت دەرىجىلىك سىناق نۇقتىسى بولغان قاراماي شەھىرى بىلەن ئۈنسۇ ناھىيىسىنى ياخشى تۇتۇش ئاساسىدا پىلانلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە 22 ناھىيىدە ئۆلچەمسىز ئىشلەپچىقىرىشنى تۈگىتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. خوتەن، ئاقسۇ، ئىلى، ئالتاي قاتارلىق 10 ۋىلايەت، ئوبلاست (شەھەر) قا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۆلچەمسىز ئىشلەپچىقىرىشنى تۈگىتىش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 24 ناھىيە (شەھەر) نىڭ ئۆلچەمسىز ئىشلەپچىقىرىشنى تۈگىتىش خىزمىتى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى. يىل ئاخىرىدا ئۆلچەمسىز ئىشلەپچىقىرىشنى تۈگىتىش خىزمىتى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتكەن ناھىيە (شەھەر) 32گە يەتتى.

جاۋ شاۋشۇاڭ. ۋاڭ سۈيپىڭ

# پورت باشقۇرۇش

## پورتلارنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

1. پورتلارنىڭ تارقىلىشى

گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقلىشى بىلەن شىنجاڭ سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن 1 - خىلدىكى پورتلار 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا 16گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئايروپورت 2، قۇرۇقلۇق پورتى 14. ئايروپورتلار: ئۈرۈمچى ئايروپورتى، قەشقەر ئايروپورتى؛ قۇرۇقلۇق پورتلىرىنىڭ 4ى موڭغۇلىيە بىلەن بولغان چېگرىدا بولۇپ، ئۇلار: تېمىرتام پورتى (قۇمۇل ۋىلايىتىدە)، ئۇلاستاي پورتى (سانجى ئوبلاستىدا)، تايكېشكەن پورتى (ئالتاي ۋىلايىتىدە)، قىزىلتاغ ئېغىزى پورتى (ئالتاي ۋىلايىتىدە)؛ 7سى قازاقىستان بىلەن بولغان چېگرىدا بولۇپ، ئۇلار: ئاقتۇبېك پورتى (ئالتاي ۋىلايىتىدە)، جېمىنەي پورتى (ئالتاي ۋىلايىتىدە)، باقتۇ پورتى (تارباغاتاي ۋىلايىتىدە)، ئالاتاۋ ئېغىزى پورتى (بورتالا ئوبلاستىدا)، قورغاس پورتى (ئىلى ۋىلايىتىدە)، دۇلات پورتى (ئىلى ۋىلايىتىدە)، مۇزارت پورتى (ئىلى ۋىلايىتىدە)، 2 سى قىرغىزىستان بىلەن بولغان چېگرىدا بولۇپ، ئۇلار: تورۇغات پورتى (قىزىلسۇ ئوبلاستىدا)، ئەركەشتام پورتى (قىزىلسۇ ئوبلاستىدا)؛ بىرى پاكىستان بىلەن بولغان چېگرىدا بولۇپ، ئۇ: قونجىراپ پورتى (قەشقەر ۋىلايىتىدە).

2. پورتلاردىن پايدىلىنىش ئەھۋالى ۋە پورتلارنىڭ ئۈنۈمى ئۈستىدە تەھلىل

ھازىر سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن 16 پورت ئىچىدە رەسمىي ئىشلىتىلىۋاتقانلىرى 11، ئۇلار: ئۈرۈمچى ئايروپورتى، تېمىرتام پورتى، ئۇلاستاي پورتى، تايكېشكەن پورتى، قىزىلتاغ ئېغىزى پورتى، ئالاتاۋ ئېغىزى پورتى، قورغاس پورتى، باقتۇ پورتى، جېمىنەي پورتى، تورۇغات پورتى، قونجىراپ پورتى، ئەركەشتام، دولان پورتلىرى ۋاقىتلىق مال ئۆتكۈزىدىغان پورتلار بولۇپ، چېگرا ئاھالىسى ئۆز ئارا سودا قىلىشىدۇ. ئەركەشتام پورتىنى رەسمىي ئېچىۋېتىشكە تەييارلىق كۆرۈلۈۋاتىدۇ. مۇزارت، ئاقتۇبېك پورتلىرى ۋە قەشقەر ئايروپورتىنىڭ مەبلەغنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئومۇمىي پىلانى، ئاپپارات تەسىس قىلىشقا ئوخشاش ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىزمەتلىرى جىددىي ئىشلىنىۋاتىدۇ، پات ئارىدا ئېچىلىدۇ.

يۇقىرىقى پورتلار ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن شىنجاڭدا ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنىڭ تۆمۈر يولمۇ، تاشيولمۇ بولغان، قۇرۇقلۇق پورتلىرىمۇ، ئايروپورتلارمۇ بولغان، دۆلەت سودىسىمۇ، يەرلىك سودىمۇ بولغان، يۈك ترانسپورتىمۇ، يولۇچى ترانسپورتىمۇ بولغان ھەر تەرەپلىك، كۆپ قاتلاملىق يېڭى تۈزۈلمە شەكىللىنىپ، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلەتتى. 1992 - يىلدىن 1999 - يىلغىچە شىنجاڭدىكى پورتلاردىن 19 مىليون توننا مال، 5 مىليون ئادەم (قېتىم)، 1 مىليون 20 مىڭ (قېتىم) قاتناش قورالى ئۆتتى. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى پورتلاردىن ئۆتكەن 539 مىڭ ئادەم (قېتىم)، 4 مىليون 270 مىڭ توننا مال، 100 مىڭ قاتناش قورالى تەكشۈرۈلدى، چېگرا سودىسىنىڭ سوممىسى 1 مىليارد 32 مىليون دوللارغا يەتتى.

3. پورت قۇرۇلۇشى

ئاپتونوم رايوندىكى پورتلارنىڭ كۆپ قىسمى چەت چېگرىدا بولۇپ، ئەتراپىدا تايانغىدەك شەھەر ياكى بازار يوق، شۇڭا پورت قۇرۇلۇشىنىڭ قىيىنلىقى زور. پورتلارنى دۆلەتنىڭ ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالايدىغان قىلىش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى پورت قۇرۇلۇشىنى ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ بىرى قىلدى. تولۇقسىز مەلۇماتقا قارىغاندا، دۆلەت، ئاپتونوم رايون ۋە ئالاقىدار تارماقلار 1983 — 1999 - يىلغا قەدەر پورت قۇرۇلۇشىغا 809 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سالغان، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتنىڭ سالغىنى 130 مىليون يۈەن، ئاپتونوم رايوننىڭ سالغىنى 270 مىليون يۈەن، پوچتا - تېلېگراف تارمىقىنىڭ سالغىنى 40 مىليون يۈەن، قاتناش تارمىقىنىڭ سالغىنى 350 مىليون يۈەن، باشقىلارنىڭ سالغىنى 19 مىليون يۈەن. پورتلارنىڭ تەكشۈرۈش، باشقۇرۇش تارماقلىرىغا 110 مىڭ كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق ئۆي - ئىمارەت، 700 مىڭ كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق ساقلاش مۇئەسسەسى سېلىنغان، 1400 نەچچە كىلومېتىر تاشيول ياسالغان.

دولقۇن

## پورتلارنىڭ خىزمەت ئەھۋالى

ئاپتونوم رايوندىكى پورتلاردىن 1999 - يىلى 538 مىڭ 996 كىشى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ساياھەتچى 385 مىڭ 744 ئادەم (قېتىم) بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 9.97%، (ئۆزئارا سودا قىلىش ئۈچۈن ئۆتكەن چېگرا ئاھالىسى 28 مىڭ 44 ئادەم - قېتىم) بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن 11.3%، خىزمەتچى 153 مىڭ 252 ئادەم (قېتىم) بولۇپ، 6.5% ئازىيىپ كەتتى.

ئاپتونوم رايوندىكى پورتلاردىن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈلگەن قاتناش قوراللىرى 99 مىڭ 611 بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 5.2% ئازىيىپ كەتتى.

ئاپتونوم رايوندىكى پورتلاردىن ئۆتكۈزۈلگەن يۈك 4 مىليون 275 مىڭ 236 توننا بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 39.56% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە كىرگۈزۈلگىنى 3 مىليون 495 مىڭ 387 توننا بولۇپ، 53.2% ئاشتى، چىقىرىلغىنى 779 مىڭ 848 توننا بولۇپ، 0.2% ئازىيىپ كەتتى؛ چېگرا ئاھالىسى ئۆزئارا بازار قىلىش ئۈچۈن ئۆتكۈزگەن مال 42 مىڭ 810 توننا، ساياھەت قىلغاچ سېتىۋېلىنىپ ئۆتكۈزۈلگەن مال 177 مىڭ 519 توننا بولدى. چېگرا سودىسىنىڭ سوممىسى 1 مىليارد 32 مىليون دوللارغا يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 64.7% ئاشتى.

پورتلارنىڭ ئەھۋالى:

ئالاتاۋ ئېغىزى پورتىدىن ئۆتكەن يولۇچى 38 مىڭ 412 ئادەم (قېتىم) (كىرگىنى 20 مىڭ 794 ئادەم - قېتىم، چىققىنى 17 مىڭ 618 ئادەم - قېتىم، بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈر يول بىلەن ئۆتكىنى 33 مىڭ 745 ئادەم - قېتىم، كىرگىنى 18 مىڭ 790 ئادەم - قېتىم، چىققىنى 14 مىڭ 955 ئادەم (قېتىم)، تاشيول بىلەن ئۆتكىنى 4667 ئادەم (قېتىم) كىرگىنى 2004 ئادەم - قېتىم، چىققىنى 2663 ئادەم - قېتىم؛ ئۆتكۈزۈلگەن يۈك 3 مىليون 680 مىڭ 326 توننا (كىرگۈزۈلگىنى 3 مىليون 257 مىڭ 574 توننا، چىقىرىلغىنى 422 مىڭ 752 توننا)، بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈر يول بىلەن ئۆتكۈزۈلگىنى 3 مىليون 542 مىڭ 859 توننا (كىرگۈزۈلگىنى 3 مىليون 249 مىڭ 796 توننا، چىقىرىلغىنى 293 مىڭ 63 توننا)، تاشيول بىلەن ئۆتكۈزۈلگىنى 137 مىڭ 467 توننا (كىرگۈزۈلگىنى 7778 توننا چىقىرىلغىنى 129 مىڭ 689 توننا).

قورغاس پورتىدىن ئۆتكەن يولۇچى 105 مىڭ 563 ئادەم (قېتىم) (كىرگىنى 49 مىڭ 470 ئادەم - قېتىم، چىققىنى 56 مىڭ 93 ئادەم - قېتىم)، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆزئارا بازار قىلىش ئۈچۈن ئۆتكەن چېگرا ئاھالىسى 27 مىڭ 822 ئادەم (قېتىم)، ئۆتكۈزۈلگەن يۈك 292 مىڭ 611 توننا، بۇنىڭ ئىچىدە كىرگۈزۈلگىنى 47 مىڭ 384 توننا، چىقىرىلغىنى 245 مىڭ 227 توننا (ساياھەت قىلغاچ سېتىۋېلىنىپ ئۆتكۈزۈلگىنى 153 مىڭ 864 توننا، چېگرا ئاھالىسى ئۆزئارا بازار قىلىش ئۈچۈن ئۆتكۈزگىنى 41 مىڭ 310 توننا).

باقتۇ پورتىدىن ئۆتكەن يولۇچى 6575 ئادەم (قېتىم) (كىرگىنى 3220 ئادەم - قېتىم، چىققىنى 3355 ئادەم - قېتىم)؛ ئۆتكۈزۈلگەن يۈك 28 مىڭ 586 توننا (كىرگۈزۈلگىنى 17 مىڭ 821 توننا، چىقىرىلغىنى 10 مىڭ 765 توننا).

جىمىنەي پورتىدىن ئۆتكەن يولۇچى 6221 ئادەم (قېتىم)

(كىرگىنى 3026 ئادەم - قېتىم، چىققىنى 3195 ئادەم - قېتىم)؛ ئۆتكۈزۈلگەن يۈك 80 مىڭ 859 توننا (كىرگۈزۈلگىنى 77 مىڭ 354 توننا، چىقىرىلغىنى 3505 توننا).

دۆلەت پورتىدىن ئۆزئارا بازار قىلىشقا ئۆتكەن چېگرا ئاھالىسى 222 ئادەم (قېتىم) (كىرگىنى 111 ئادەم - قېتىم، چىققىنى 111 ئادەم - قېتىم)؛ چېگرا ئاھالىسى ئۆزئارا بازار قىلىش ئۈچۈن ئۆتكۈزگەن مال 1500 توننا (چىقىرىلغىنى 1500 توننا).

تورغات پورتىدىن ئۆتكەن يولۇچى 12 مىڭ 150 ئادەم (قېتىم) (كىرگىنى 6075 ئادەم - قېتىم، چىققىنى 6075 ئادەم - قېتىم)؛ ئۆتكۈزۈلگەن يۈك 43 مىڭ توننا (كىرگۈزۈلگىنى 31 مىڭ توننا، چىقىرىلغىنى 12 مىڭ توننا).

ئەركەشتام پورتىدىن ئۆتكەن يولۇچى 2500 ئادەم (قېتىم) (كىرگىنى 1250 ئادەم - قېتىم، چىققىنى 1250 ئادەم - قېتىم)؛ ئۆتكۈزۈلگەن يۈك 76 مىڭ توننا (كىرگۈزۈلگىنى 56 مىڭ توننا، چىقىرىلغىنى 20 مىڭ توننا).

قونجىراپ پورتىدىن ئۆتكەن يولۇچى 6267 ئادەم (قېتىم) (كىرگىنى 2851 ئادەم - قېتىم، چىققىنى 3416 ئادەم - قېتىم)؛ ئۆتكۈزۈلگەن يۈك 28 مىڭ 8 توننا (كىرگۈزۈلگىنى 2929 توننا، چىقىرىلغىنى 25 مىڭ 79 توننا).

تايكېشكەن پورتىدىن ئۆتكەن يولۇچى 23 مىڭ 453 ئادەم (قېتىم) (كىرگىنى 11 مىڭ 720 ئادەم - قېتىم، چىققىنى 11 مىڭ 733 ئادەم - قېتىم)؛ ئۆتكۈزۈلگەن يۈك 10 مىڭ 516 توننا (كىرگۈزۈلگىنى 2490 توننا، چىقىرىلغىنى 8026 توننا).

تېمىرتام پورتىدىن ئۆتكەن يولۇچى 4509 ئادەم (قېتىم) (كىرگىنى 2255 ئادەم - قېتىم، چىققىنى 2254 ئادەم - قېتىم)؛ ئۆتكۈزۈلگەن يۈك 9607 توننا (كىرگۈزۈلگىنى 2474 توننا، چىقىرىلغىنى 7133 توننا).

ئۇلاستاي پورتىدىن ئۆتكەن يولۇچى 2415 ئادەم (قېتىم) (كىرگىنى 1217 ئادەم - قېتىم، چىققىنى 1198 ئادەم - قېتىم)؛ ئۆتكۈزۈلگەن يۈك 480 توننا (كىرگۈزۈلگىنى 290 توننا، چىقىرىلغىنى 190 توننا).

قىزىلتاغ ئېغىزى پورتىدىن ئۆتكەن يولۇچى 2587 ئادەم (قېتىم) (كىرگىنى 1327 ئادەم - قېتىم، چىققىنى 1260 ئادەم - قېتىم)؛ ئۆتكۈزۈلگەن يۈك 88 توننا (كىرگۈزۈلگىنى 71 توننا، چىقىرىلغىنى 17 توننا).

ئۈرۈمچى ئايرودرومى پورتىدىن ئۆتكەن يولۇچى 174 مىڭ 870 ئادەم (قېتىم) (كىرگىنى 87 مىڭ 435 ئادەم - قېتىم، چىققىنى 87 مىڭ 435 ئادەم - قېتىم)؛ ئۆتكۈزۈلگەن يۈك 23 مىڭ 655 توننا (چىقىرىلغىنى 23 مىڭ 655 توننا).

دولقۇن

### ئالاتاۋ ئېغىزى پورتىدىن ئۆتكۈزۈلگەن يۈك 3 مىليون 500 مىڭ توننىدىن ئېشىپ كەتتى

1999 - يىلى ئالاتاۋ ئېغىزى پورتىدىن ئۆتكۈزۈلگەن يۈك 3 مىليون 680 مىڭ تونىنىغا يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %50.91 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە، تۆمۈر يول بىلەن ئۆتكۈزۈلگىنى 3 مىليون 540 مىڭ تونىنىغا يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %49.74 ئاشتى، تاشيول بىلەن ئۆتكۈزۈلگىنى 137 مىڭ تونىنىغا يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %88.78 ئاشتى. ئالاتاۋ ئېغىزى پورتى غەربىي شىمالدىكى يۈك ئۆتكۈزۈلۈش مىقدارى ئەڭ كۆپ، ئۈنۈمى ئەڭ ياخشى، تەرەققىياتى ئەڭ تېز پورت بولۇپ، يۈك ئۆتكۈزۈلۈش مىقدارى پۈتۈن مەملىكەتتىكى تۆمۈر يول پورتلىرى ئىچىدە ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدىكى مانجۇلى پورتىدىن قالسا 2 - ئورۇنغا ئۆتتى، بۇ پورتتىن ئۆتكۈزۈلگەن يۈك ئاپتونوم رايوندىكى 16 پورتتىن ئۆتكۈزۈلگەن يۈكنىڭ %85دىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ.

دولقۇن

### قەشقەر ئايروپورتى تۇنجى قېتىم ۋاقىتلىق ئېچىلدى

ئامېرىكا دەۋرۋانا گورۇھىنىڭ «ئاخبارات سەپىرى» ئۆمىكىنىڭ 2 مەخسۇس ئايروپىلانى دۆلەتنىڭ تەستىقى بويىچە 1999 - يىل 9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى قەشقەر ئايروپورتىدىن ۋاقىتلىق كىردى. بۇ قەشقەر ئايروپورتىنىڭ گوۋۇيۈەن 1993 - يىل 4 - ئايدا سىرتقا ئېچىۋېتىشنى تەستىقلىغاندىن كېيىن تۇنجى قېتىم ۋاقىتلىق ئېچىلىشى.

دولقۇن

### دۆلەت پورتى چېگرا ئاھالىسىنىڭ ئۆزئارا بازار قىلىشىغا ئېچىپ بېرىلدى

دۆلەت تاموژنا مەھكىمىسىنىڭ تەستىقىغا ئاساسەن 1999 - يىل 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى دۆلەت پورتىدىكى چېگرا ئاھالىسى بازىرى تىجارەت باشلىدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر بازاردا پۈتۈشۈپ سېتىۋېلىنىپ ئۆتكۈزۈلگەن مال 1500 توننىدىن، پۈتۈشۈش سوممىسى 16 مىليون يۈەندىن ئېشىپ، پورتنىڭ رەسمىي ئېچىلىشىغا ياخشى ئاساس سېلىپ بەردى.

دولقۇن

## تاموژنا

### تاموژنا بويىچە نازارەتچىلىك قىلىش ۋە باشقۇرۇش ئەھۋالى

1999 - يىلى ئۈرۈمچى تاموژنىسى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق

تاموژنىلارنىڭ نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشى بىلەن ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان مال 3 مىليون 920 مىڭ توننىغا يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %48 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت قىلىنغىنى 3 مىليون 436 مىڭ توننىغا يېتىپ، %52.2، ئېكسپورت قىلىنغىنى 484 مىڭ توننىغا يېتىپ، %24.1 ئاشتى؛ ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان ماللارنىڭ قىممىتى 1 مىليارد 765 مىليون دوللارغا يېتىپ، %15.8 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت قىلىنغىنىنىڭ 738 مىليون دوللار بولۇپ، %5.3 ئازىيىپ كەتتى، ئېكسپورت قىلىنغىنىنىڭ 1 مىليارد 27 مىليون دوللارغا يېتىپ، %37.4 ئاشتى؛ نازارەتچىلىك قىلىش - باشقۇرۇش ئارقىلىق چېگرىدىن ئۆتكەن ترانسپورت قورالى (ئاپتوموبىل، پويىز، ئايروپىلان) 264 مىڭ 900 بولۇپ، %27.9 كۆپ بولدى.

1999 - يىلى چېگرىدىن كىرگەن - چىققانلار 499 مىڭ 900 ئادەم (قېتىم) بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن %4.2 ئازىيىپ كەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە چېگرىدىن چىققانلار 248 مىڭ 417 ئادەم (قېتىم)، كىرگەنلەر 251 مىڭ 555 ئادەم (قېتىم)؛ 1999 - يىلى تاموژنىنىڭ نازارەتچىلىك قىلىشى ۋە باشقۇرۇشى بىلەن چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن ۋە چىقىرىلغان پوچتا يوللانمىسى 427 مىڭ 200گە يېتىپ، %56.5 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە مەتبەئە بۇيۇمى، ئۈن - سىن بۇيۇمى 151 مىڭ 700 بولۇپ، %6.5 ئازىيىپ كەتتى.

1999 - يىلى تاموژنىغا مەلۇم قىلىنغان ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان مال تالونىدىن بېجىرىلگىنى 78 مىڭ نۇسخىغا يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %38.2 كۆپەيدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر تاموژنىدا تىزىملىتىپ ئەنگە ئالدۇرغان 3 خىل مەبلەغ كارخانىسى 640قا يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %5.1 كۆپ بولدى؛ پىششىقلاش سودىسى قوللانمىسىدىن 598ى بېجىرىپ بېرىلدى، بۇ 1998 - يىلدىكىدىن %32.3 كۆپەيدى؛ پىششىقلاش سودىسى قوللانمىسىدىن بىكار قىلىنغىنى 461گە يېتىپ، %86.6 كۆپەيدى، 7 مىليون 600 مىڭ يۈەن باج كۆتۈرۈۋېتىلدى ۋە تولۇقلاپ ئېلىندى.

ۋاڭ چۈەنجيې

## تاموژنا بېجى ئېلىش - باشقۇرۇش ئەھۋالى

1999 - يىلى ئۈرۈمچى تاموژنىسى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق تاموژنىلار ئالغان باج 1 مىليارد 68 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %38.3 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە تاموژنا بېجى 303 مىليون يۈەن، ئىمپورت ھالقىلىرى بېجى 765 مىليون يۈەن. باھانى تەكشۈرۈش ئارقىلىق 14 مىليون 450 مىڭ يۈەن باج تولۇقلاپ ئېلىندى، تۈرگە ياتقۇزۇش ئارقىلىق 830 مىڭ يۈەن باج تولۇقلاپ ئېلىندى، 840 مىڭ يۈەن تاپشۇرۇلمىغان باج ئېنىقلاندى. بىر يىلدا كېمەيتىلگەن، كەچۈرۈم قىلىنغان تاموژنا بېجى، ئىمپورت ھالقىلىرى بېجى 2 مىليارد 54 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %53.94 ئاشتى.

ۋاڭ چۈەنجيې

## ئەتكەسچىلەرگە زەربە بېرىش خىزمىتى

ئۈرۈمچى تاموژنىسى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق تاموژنىلار 1999 - يىلى نۇقتىلىق رايونلاردا ۋە نۇقتىلىق پورتلاردا كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئەتكەسچىلىككە زەربە بېرىش بويىچە بىرلەشمە ھەرىكەت ۋە مەخسۇس كۈرەش ئېلىپ باردى. بىر يىلدا بەلگىلىمىگە خىلاپ ئەتكەسچىلىك دېلوسىدىن 292نى ئېنىقلاپ چىقتى، ئۇلارنىڭ قىممىتى 463 مىليون يۈەنگە يېتىدۇ، 31 مىليون 530 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇپ ۋە مۇسادىرە قىلىپ بۇقىرىغا تاپشۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ ئىمپورت قىلىنغان پورت ماتېرىيالى 150 مىڭ توننا، ئوق 35 مىڭ 444 پاي، دوللار 820 مىڭ يۈەن، دۆلەت باشقۇرىدىغان ۋە تىزگىنلەيدىغان روھى كېسەل پەيدا قىلىدىغان دورا 40 مىڭ دانە، گۇمانلىق ئەتكەس ئاپتوموبىل 84، زەھەر ئىشلەشكە ئىشلىتىدىغان خىمىيۋى ماددا — ئانگىدرىدلىق سىركە كىسلاتاسى 14 توننا 925 كىلوگرام.

ۋاڭ چۈەنجيې

## سودا خاراكتېرىدىكى ماللار ۋە غەيرىي سودا خاراكتېرىدىكى ماللارنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئەھۋالى

1999 - يىلى ئۈرۈمچى تاموژنىسى ۋە ئۇنىڭ قارمىقىدىكى تاموژنىلار نازارەتچىلىك قىلىش - باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىنى كۈچەيتىپ، ئىجازەتنامە، نورما ۋە باشقا ئىمپورت - ئېكسپورتنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىلىرىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، 1 - سەپتىكى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش كۈچىنى تولۇقلاپ، تەكشۈرۈش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈپ، مۇھىم، نازۇك تاۋارلارنى ئۈنۈملۈك نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى ۋە ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان ماللارنىڭ ئېقىش يۆزلىنىشىنى تەھلىل قىلىپ تىزگىنلەشنى كۈچەيتتى. تاموژنىلار ماللارنى نازارەت قىلىدىغان ۋە باشقۇرىدىغان سورۇنلارنى تۈزەپ تەرتىپكە سالدى ۋە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى، ئۈرۈمچى رايونى ۋە ئالاتاۋ ئېغىزى پورتىدىكى تاموژنىلارنىڭ نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش سورۇنلىرىنى ئېلېكتىرونلۇق ئارقىلىق نازارەت قىلىپ باشقۇرىدىغان بولدى، تاموژنىلارنىڭ نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش سورۇنلىرى ۋە مۇھىم ئېغىزلارنى 24 سائەت چارلاش تۈزۈمىنى يولغا قويدى؛ 44 كارخانىنى ئادەتتىكىچە تەكشۈرۈش ۋە مەخسۇس

تەكشۈرۈش ئارقىلىق 840 مىڭ يۈەن باجنى تولۇقلاپ ئالدى.

1999 - يىلى ئەكسىيەتچى، شەھۋانىي ۋە تارقاق دىن باسما بۇيۇملىرى ۋە ئۈن - سىن بۇيۇملىرىدىن 4532 پارچە (قاپ)نى تۇتۇپ قالدى؛ ئاپتونوم رايوندىكى 2 - خىلدىكى پورتلارنى ئېنىقلاپ رەتكە سالدى ۋە باشقۇرۇش تەدبىرلىرىنى مۇكەممەللەشتۈردى ھەم 2 - خىل پورتلارغا كەسىپكارلارنى تەربىيىلىدى؛ چەتكە چېتىشلىق ترانسپورت كارخانىلىرىنى تەرتىپكە سالدى، ساياھەت قىلغاچ مال سېتىۋېلىش پائالىيىتىنى قېلىپلاشتۇردى، تاموژنىدىن ئۆتىدىغان پوچتا يوللانمىلىرىدىكى ماللارنىڭ باجدىن كېيىنكى باھاسىنى مۇۋاپىق تەڭشىدى ھەم ھەججە بارغان 1099 يولۇچىنىڭ يۈك - تاقلىرىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئوڭۇشلۇق ئورۇندىدى.

ۋاڭ چۈەنجيې

## ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر

1999 - يىلى قونجىراپ تاموژنىسى دۆلەت زەھەر چەكلەش كومىتېتى تەرىپىدىن زەھەرنى قولغا چۈشۈرۈشتە مەملىكەت بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ؛ قورغاس تاموژنىسى مەملىكەتلىك تاموژنا بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى؛ تەكشۈرۈش باشقارمىسىدىن ئەنۋەر ئاپتونوم رايون بويىچە «10 ياخشى ياش قوغدىغۇچى»نىڭ بىرى بولۇپ ۋە مەملىكەت بويىچە «مۇنەۋۋەر ياش قوغدىغۇچى» بولۇپ باھالاندى؛ قونجىراپ تاموژنىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى مەلىكە مەملىكەت بويىچە ئىلغار تاموژنا خىزمەتچىسى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا مەملىكەت بويىچە نەمۇنىچى بولۇپ باھالاندى.

ۋاڭ چۈەنجيې

# چېگرىدىن چىققان - كىرگەنلەرنى تەكشۈرۈش ۋە كارانتىن قىلىش ئەھۋالى

## ئاپپارات ئىسلاھاتى

سابىق شىنجاڭ ئىمپورت - ئېكسپورت تاۋارلىرىنى تەكشۈرۈش ئىدارىسى، سابىق ئۈرۈمچى ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى كارانتىن قىلىش ئىدارىسى، سابىق ئۈرۈمچى سەھىيە كارانتىن ئىدارىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن قۇرۇلغان شىنجاڭ چېگرىدىن چىققان - كىرگەنلەرنى تەكشۈرۈش ۋە كارانتىن قىلىش ئىدارىسى 1999 - يىل 8 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئۈرۈمچىدە رەسمىي قۇرۇلدى. ئۇ دۆلەت چېگرىدىن چىققان - كىرگەنلەرنى تەكشۈرۈش ۋە كارانتىن قىلىش ئىدارىسى شىنجاڭدا قۇرغان بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگان بولۇپ، «تاۋار تەكشۈرۈش قانۇنى»، «ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى كارانتىن قىلىش قانۇنى»، «دۆلەت چېگرىسىدىكى سەھىيە كارانتىنى قانۇنى» ۋە «يېمەكلىك تازىلىقى قانۇنى» قاتارلىق قانۇن - نىزاملارنى ئاساس قىلىپ، شىنجاڭ رايونىدا چېگرىدىن چىققان - كىرگەنلەرنى سەھىيە كارانتىنى قىلىش، ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى كارانتىن قىلىش، تاۋار تەكشۈرۈش، باھالاش، گۇۋاھلىق بېرىش ۋە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشقا ئوخشاش مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

شىنجاڭ چېگرىدىن چىققان - كىرگەنلەرنى تەكشۈرۈش ۋە كارانتىن قىلىش ئىدارىسى ئورگىنىدا 16 باشقارما ۋە ئىشخانا تەسىس قىلىندى، بۇنىڭدىن باشقا يەنە تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش تېخنىكىسى مەركىزى، خەلقئارا ساياھەتچىلەرنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش مەركىزى، سۈپەت تەكشۈرۈش سىستېمىسى باھالاش مەركىزى، ئورگان مۇلازىمەت مەركىزى قاتارلىق 4 كەسپىي ئورۇن تەسىس قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئالتاي، جىمىنەي، چۆچەك، ئالاتاۋ ئېغىزى، ئىلى، قورغاس، كورلا، ئاقسۇ، قەشقەر، تورغات، قونجىراپ، قۇمۇل، ئۈرۈمچى ئايرودرومى قاتارلىق جايلاردىكى قۇرۇقلۇق پورتلاردا ۋە ئايروپورتلاردا 13 تارماق ئاپپارات تەسىس قىلىندى.

لى رۇيشىن

## تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش ئەھۋالى

شىنجاڭ چېگرىدىن چىققان - كىرگەنلەرنى تەكشۈرۈش ۋە كارانتىن قىلىش ئىدارىسى 1999 - يىلى تەكشۈرگەن ۋە كارانتىن قىلغان ئىمپورت - ئېكسپورت تاۋارلىرى 82 مىڭ 603 تۈركۈم، قىممىتى 1 مىليارد 430 مىليون 130 مىڭ دوللار، بۇنىڭ ئىچىدە تەكشۈرۈلگەن ئىمپورت تاۋارلىرى 58 مىڭ 318 تۈركۈم، قىممىتى 850 مىليون 200 مىڭ دوللار، تەكشۈرۈشتە ئېنىقلانغان لاياقەتسىز ئىمپورت تاۋارلىرى 1034 تۈركۈم، قىممىتى 30 مىليون 150 مىڭ دوللار، ئالاقىدار تارماقلارغا ئىسپات يېزىپ بېرىش ئارقىلىق چەت ئەللەردىن 18 مىليون 500 مىڭ دوللار تۆلىتىۋېلىندى؛ تەكشۈرۈلگەن ئېكسپورت تاۋارلىرى 24 مىڭ 285 تۈركۈم، قىممىتى 579 مىليون 930 مىڭ دوللار، توسۇپ قېلىنغان لاياقەتسىز ئېكسپورت تاۋارلىرى 1095 تۈركۈم، قىممىتى 18 مىليون 760 مىڭ دوللار. بېرىلگەن ئېتىبار بېرىش گۇۋاھنامىسى ۋە ئادەتتىكى مەھسۇلات چىققان جاي گۇۋاھنامىسى 3243. گۇۋاھنامىلارغا چېتىشلىق تاۋارلارنىڭ سوممىسى 114 مىليون

890 مىڭ دوللار. چەت ئەللىك سودىگەرلەر مەبلەغ سالغان مۇلۇكلەرنىڭ باھاسى 15 تۈركۈم باھالاندى، باھانىڭ چۈشۈرۈلۈش نىسبىتى مەلۇم قىلىنغان 8 مىليون 500 مىڭ دوللارنىڭ %5نى ئىگىلىدى. 5727 تۈركۈم ئۆسۈملۈك، ھايۋان ۋە باشقا تاۋارلار، 113 مىڭ 64 ئادەم (قېتىم) يولۇچى ئېلىپ ماڭغان مال كارانتىن قىلىنىپ، 1 - خىلدىكى كېسەللىك بار ئۆسۈملۈكتىن 7 تۈركۈم (قېتىم)، 3 - خىلدىكى كېسەللىك بارلىرىدىن 4 تۈركۈم (قېتىم) توسۇپ قېلىندى، ئېلىپ كىرىش مەنئى قىلىنغان ماللار قايتۇرۇۋېتىش، ئۆتۈپ قېلىپ كۆيدۈرۈۋېتىش يولى بىلەن بىر تەرەپ قىلىندى. چېگرىدىن چىققان - كىرگەن 99 مىڭ 611 قاتناش قورالى (پويىز، ئايروپىلان) كارانتىن قىلىندى، چېگرىدىن چىققان - كىرگەنلەر 538 مىڭ 996 ئادەم (قېتىم) كارانتىن قىلىندى ھەم چېگرىدىن چىققان - كىرگەن 20 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم يۇقۇملۇق كېسەل ۋىرۇسى بار - يوقلۇقى ئۈچۈن تەكشۈرۈلدى، ئەيدىز كېسىلى، سەغلىس كېسىلى، سىل كېسىلى، B تىپلىق جىگەر كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان ھەم شۇ كېسەللىكلەرنىڭ ۋىرۇسى بار 800 نەچچە كىشى بايقالدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىنىپ، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ كىرىپ ۋە تارقىلىپ كېتىشى توسۇلدى.

لى رۇيشىن

## نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئەھۋالى

شىنجاڭ تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش سىستېمىسى 1999 - يىلى ئېچىنكا، ئۈچ جەھەتلەردىكى ئۈستۈنلۈكنى جارى قىلدۇرۇپ، خىلمۇ خىل مۇلازىمەت تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ تاشقى ئىقتىساد - سودىسىنىڭ تەرەققىياتىنى قوللىدى ۋە ئىلگىرى سۈردى.

1. ئاپتونوم رايوننىڭ نېفىت - پاختا تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىگە ماسلىشىپ، دۆلەت شىنجاڭغا بەرگەن 400 مىڭ توننا پاختا ئېكسپورت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، ئىدارە رەھبەرلىرى يېتەكچىلىكىدىكى خىزمەت گۇرۇپپىلىرى پاختىچىلىق رايونلىرىغا بېرىپ، ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ، تاشقى سودا كارخانىلىرى ۋە باشقا كارخانىلارنىڭ پاختا ئېكسپورت قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىگە ياردەم بەردى. پاختا ئېكسپورت قىلىشنىڭ پىششىقلاشتىن ئېكسپورت قىلغىچە بولغان پۈتۈن جەريانىدا نازارەت قىلىپ، باشقۇرۇپ ۋە يېتەكچىلىك قىلىپ تۇردى، تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش خادىملىرىنى نەق مەيدانغا ئەۋەتىپ ئەۋرىشكە ئېلىپ تەكشۈرۈش، ئېغىرلىقىنى باھالاش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. پاختا ئېكسپورتى توغرىسىدا 10 كۈندە بىر سان قىسقا خەۋەر چىقىرىپ، پاختا ئېكسپورتىنى تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش خىزمىتىدىن 10 كۈندە بىر قېتىم ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىگە دوكلات قىلىپ ھەم ئالاقىدار ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ بۇ خىزمەت توغرىسىدىكى پىكىرلىرىنى ئاڭلاپ، پاختا ئېكسپورتىدا ساقلانغان مەسىلىلەرنى بىرلىكتە ھەل قىلىپ تۇردى. يىرىم يىلدىن كۆپرەك جاپالىق كۈرەش قىلىش ئارقىلىق 400 مىڭ توننا پاختا ئېكسپورت قىلىش ۋەزىپىسى سان - سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىنغان ھالدا ئورۇندالدى.

2. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندا 7 پەمىدۇر قىيامى زاۋۇتى كېڭەيتىلىپ، پەمىدۇر قىيامى 70 نەچچە مىڭ توننا كۆپ ئىشلەپچىقىرىلىدىغان بولدى. يېڭى قۇرۇلغان كارخانىلارغا مەدەت بېرىپ، پەمىدۇر قىيامى ئېكسپورتىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش تېخنىكلىرى كارخانىلارغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئېكسپورت تىزىمىدىكى تەلەپ بويىچە زاۋۇت لايىھىلەش، ئىشلەپچىقىرىشنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە تەكشۈرۈش بۆلۈمى قۇرۇش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. بۇندىن باشقا يەنە بىرقارار تەكشۈرۈش كەسپى ۋە ئېكسپورت تاۋارلىرىنى باشقۇرۇش كۇرسى ئېچىپ، كارخانىلارغا تەكشۈرگۈچى ۋە باشقۇرغۇچىلارنى يېتىشتۈرۈپ بەردى. 11 - ئايغا قەدەر تەكشۈرۈپ ئېكسپورت قىلىنغان پەمىدۇر قىيامى 1714 تۈركۈم، 85 مىڭ 19 تونىغا يەتتى.

3. 1999 - يىلى ئىمپورت قىلىنغان 8308 تۈركۈم، 475 مىڭ توننا نېفىتنى تەكشۈرۈپ مىقدارى كەم بولۇشقا ئوخشاش مىقدار، سۈپەت مەسىلىلىرى توغرىسىدا ئىسپات يېزىپ بېرىپ، 7900 توننا نېفىتنى تۆلىتىۋېلىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خېرىدارلارنى 850 مىڭ دوللارلىق زىياندىن ساقلاپ قالدى. قازاقىستان تەرەپمۇ نېفىت باكلىرىنى يولغا سېلىش ۋە مىقدارىنى ئۆلچەش مەسىلىلىرىنى زور دەرىجىدە تۈزەتتى، نېفىت باكىدىن چاتاق چىقىپ نېفىت ئېقىپ كېتىش ئەھۋالى قايتا كۆرۈلمىدى. 5000 تۈركۈمدە، 1 مىليون 200 مىڭ توننىدىن ئارتۇق تۆمۈر - تەسەكنى تەكشۈرۈپ، رادىئو ئاكتىپ بىلەن بۇلغانغان 55 تۈركۈم، 1000 توننىدىن ئارتۇق تۆمۈر - تەسەكنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ چىقتى.

4. ئامېرىكا، كانادا قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئېكسپورت قىلىنىدىغان ماللارنى ياغاچ بىلەن ئوراش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. ئامېرىكا، كانادا قاتارلىق 13 دۆلەتكە ئېكسپورت قىلىنىدىغان، ياغاچ بىلەن ئورالغان 53 تۈركۈم؛ 15 مىڭ 950 توپ مالنى كارانتىن قىلىپ بىر تەرەپ قىلىپ، تاشقى سودا ئورۇنلىرىنىڭ مال ئېكسپورتىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى. 1999 - يىل مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىن ياغاچ ماتېرىيال ئىمپورت قىلىدىغان تاشقى سودا ئورۇنلىرى كۆپەيدى، ياغاچ ماتېرىيالنىڭ كېلىش مەنبەسى كەڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تولىسى پىششىقلانمىغان ياغاچ

ئىدى. شىنجاڭ پورت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ شۆبە، تارماق ئىدارىلىرى ماسلىشىپ، چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن ۋە ئاموۋنىنىڭ تەكشۈرۈشىگە بېرىلگەن ياغاچ ماتېرىيالنى ئەستايىدىل تەكشۈردى ۋە كارانتىن قىلدى. ئۇلار تەكشۈرگەن ۋە كارانتىن قىلغان ياغاچ ماتېرىيال 95 مىڭ 904 كۇب مېتىرغا يەتتى ھەم ئىمپورت قىلىنغان ياغاچ ماتېرىيالدىن 6 چىشلىق پوسلاقخور، 12 چىشلىق پوسلاقخور، ئالا - چىپار ئۇزۇن بۇرۇت قوڭغۇز، قارىغاي ئۇزۇن بۇرۇت قوڭغۇزى قاتارلىق 10 ئالىمىڭگە كىرىدىغان لىچىنكا ۋە يېتىلگەن قۇرت قاتارلىق نەچچە خىل ياغاچ قۇرتىنى تېپىپ چىقىپ، قۇرت چۈشكەن ياغاچلارنى ۋاقتىدا ئىسلاپ قۇرتلارنى يوقىتىپ، زىياندااش جانلىقلارنىڭ كىرىشىنى ئۈنۈملۈك توستى.

5. شىنجاڭدىكى ئالاقىدار «ئۈچ تەكشۈرۈش»نى ۋاقىتلىق ماسلاشتۇرۇش گۇرۇپپىلىرى 1999 - يىلى ئاقسىل كېسىلىنىڭ مەملىكىتىمىزگە كىرىشىنى توسۇش ئۈچۈن ئەمەلىي تەدبىرلەرنى بەلگىلىدى ۋە شۇ جايلاردىكى ھۆكۈمەت ۋە ئالاقىدار تارماقلارغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ تۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاخبارات ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق تەشۋىقاتنى كۈچەيتتى، قىرغىزىستاندىن ئاچا تۇياقلىق ھايۋانلار ۋە ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنىڭ كىرگۈزۈلۈشىنى توسىدى، چېگرىدىن كىرگەن ئاپتوموبىل، مال، مال مەيدانلىرىنى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەردىن مۇداپىئەلىنىش نۇقتىسىدىن ئەستايىدىل دېزىنفېكسىيە قىلدى، چېگرا لىنىيىسىدىن 30 كىلومېتىر دائىرىدە 12 كېسەللىك ئەھۋالىنى كۆزىتىش پونكىتى قۇرۇپ، چوڭ يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ كىرىشىدىن ئۈنۈملۈك ساقلاندى.

6. ساياھەت قىلغاچ سېتىۋېلىنغان ماللارنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇردى. ئاپتونوم رايوندىكى ساياھەت قىلغاچ مال سېتىۋېلىش بازىرى بار 2 - خىلدىكى پورتلاردا مۇناسىپ نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش تەدبىرلىرىنى بەلگىلەپ، ساياھەت قىلغاچ سېتىۋېلىنغان ماللارنى باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇردى. بىر يىلدا ساياھەت قىلغاچ سېتىۋېلىنىپ چېگرىدىن ئېلىپ چىقىپ كېتىلىدىغان 16 مىڭ 415 تۈركۈم، 373 مىڭ 800 توننا، 4 مىليارد 138 مىليون 717 مىڭ 300 يۈەنلىك تاۋارنى تەكشۈرۈپ تېپىپ چىقتى، ساختا، ناچار، لاياقەتسىز تاۋارلارنىڭ سوممىسى 11 مىليون 843 مىڭ 500 يۈەنگە يېتىپ، تاۋارلارنىڭ لاياقەتسىز بولۇش نىسبىتى 0.29% بولدى.

7. ئوبوروت ساھەسى ئىمپورت قىلغان تاۋارلارنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئوبوروت ساھەسى بازارلىرىنى 3 قېتىم مەخسۇس تەكشۈردى. 4 - ئايدا سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى، سوبېت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى تارمىقى قاتارلىق تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ئىمپورت قىلىنغان يېمەكلىك، گىرىم بۇيۇملىرى، ساقلىق - ساقلاش بۇيۇملىرى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 146 تىجارەت سورۇنىنى تەكشۈرۈپ، كىنىشكىسىز سېتىلىۋاتقان يېمەكلىكلەردىن 8090 قۇتا (توپ) تەمخۇرۇچنى، 6227 بوتۇلكا ھاراق - شارابنى، 7594 كىلوگرام قەنت - گېزەكنى، 122 بوتۇلكا ساقلىق ساقلاش بۇيۇمىنى، 3261 بوتۇلكا گىرىم بۇيۇمىنى تاپتى؛ ۋاقتى ئۆتكەن، ئىشلەپچىقىرىلىش ۋە ساق تۇرۇش ۋاقتى يېزىلمىغان ئىمپورت قىلىنغان يېمەكلىكلەردىن 303 قاپنى تاپتى. تەكشۈرۈپ تېپىلغان ساختا، ناچار يېمەكلىكلەر، گىرىم بۇيۇملىرىنى بىر تەرەپ قىلدى، تەشۋىقات ۋاسىتىلىرى بۇ ئەھۋالنى كەڭ خەۋەر قىلدى. فرانسىيىنىڭ 4 ئۆلكىسى مەنشە قىلىنغان كالا قېنىنى قوشۇپ ئۈزۈم ھارىقى ئىشلىگەنلىكتىن، دۆلەت تەكشۈرۈش كارانتىن قىلىش ئىدارىسى 7 - ئايدا ئىمپورت قىلىنغان فرانسىيە ئۈزۈم ھارىقىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشنى كۈچەيتىش توغرىسىدا 14 - نومۇرلۇق ئېلان چىقارغاندىن كېيىن، شىنجاڭ تەكشۈرۈش، كارانتىن قىلىش ئىدارىسى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئويۇشتۇرۇپ، ئۈرۈمچى، كورلا شەھەرلىرى، ئىلى، قەشقەر ۋىلايەتلىرىدىكى چوڭ سودا سارايلىرى، ئىمپورت قىلىنغان ھاراقلارنى توپ، پارچە ساتىدىغان دۇكانلار، چوڭ مېھمانخانىلار، فرانسىيە ئۈزۈمى شىرنىسى ئىمپورت قىلىپ پىشىشقلايدىغان كارخانىلارنى كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈپ، فرانسىيىنىڭ ئۆزىدە ئىشلەنگەن 3129 بوتۇلكا ئۈزۈم ھارىقىنى، پىشىشقلاش ۋە بۆلۈپ قاچىلاش ئالدىدا تۇرغان 7.926 توننا فرانسىيە ئۈزۈم ھارىقى شىرنىسىنى تاپتى. ئەسلى ئىشلەنگەن يېرىنى بىلگىلى بولمىغان 607 بوتولكا ھاراقنى پېچەتلەپ سېتىشنى چەكلىدى، ساختا بەلگە ئىشلىتىلگەن ئىمپورت قىلىنغان ھاراق - شاراپلارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى. ئوبوروت ساھەسى ئىمپورت قىلغان ئېلېكتر، خەۋەرلىشىش، ئېلېكترماتورلۇق سايمانلارنى پىلانلىق ھالدا مەخسۇس تەكشۈردى.

1999 - يىلى ئوبوروت ساھەسىدىكى ئىمپورت تاۋارلىرى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇنلارنى قاتناشتۇرۇپ، «ئۈچ تەكشۈرۈش»كە دائىر سىياسەت، نىزاملارنى ئۆگىنىش كۇرسىدىن 3 قارار ئېچىپ، 140 كىشىنى تەربىيىلىدى.

لى رۆيشىن

## ئېتىبار بېرىلىدىغان تاۋار ئىسپاتى بېرىش خىزمىتى

شىنجاڭ چېگرىدىن چىققان - كىرگەنلەرنى تەكشۈرۈش ۋە

كارانتىن قىلىش ئىدارىسى ئېتىبار بېرىش تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىش سالمىقىنى زورايتىپ، كارخانىلارنى روسىيە، قازاقىستان، ئۇكرائىنا، بېلورۇسسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئېلىمىزنىڭ ئېكسپورت تاۋارلىرىغا ئېتىبار بېرىپ، تاموژنا بېجىنى كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش سىياسىتىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئەشۇ دۆلەتلەر بىلەن بولغان سودا ھەمكارلىقىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشقا پائال يېتەكلىدى. مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا دۆلەتلەردىن ئېتىبار بېرىش تۈزۈمى بويىچە ئېتىبار بېرىدىغان دۆلەتلەر ئېتىبار بېرىلىدىغان تاۋارلارغا ئىشلەپچىقىرىلغان جاي ئىسپاتى بېرىشنى تەلەپ قىلغاندىن تاشقىرى، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا باشقا دۆلەتلەر تاۋارلارغا ئادەتتىكىچە ئىشلەپچىقىرىلغان جاي ئىسپاتى بېرىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، بۇنداق ئىسپات بولمىسا، تاموژنا بېجىنى كۆپەيتىپ ئالىدۇ. ئىدارە بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىلغان جاي ئىسپاتى تەلەپ قىلىش سىياسىتىنى تاشقى سودا كارخانىلىرىغا تەشۋىق قىلدى. 1999 - يىلى ئېتىبار بېرىلىدىغان تاۋار ئىشلەپچىقىرىلغان جاي ئىسپاتىدىن 1664نى بەردى، بۇ تاۋارلارنىڭ قىممىتى 63 مىليون 510 مىڭ دوللارغا يېتىدۇ، ئادەتتىكىچە ئېتىبار بېرىلىدىغان تاۋار ئىشلەپچىقىرىلغان جاي ئىسپاتىدىن 1579نى بەردى، بۇ تاۋارلارنىڭ قىممىتى 51 مىليون 380 مىڭ دوللارغا يېتىدۇ.

لى رۇيشىن

## گۇۋاھلىق بېرىشنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

شىنجاڭ چېگرىدىن چىققان - كىرگەنلەرنى تەكشۈرۈش ۋە كارانتىن قىلىش ئىدارىسى 1999 - يىلى ئېكسپورت تاۋارلىرىغا سۈپەت ئىجازەتنامىسى بېرىش تۈزۈمى ۋە ئېكسپورت يېمەكلىكلىرىنىڭ تازىلىقىنى رويخەتكە ئېلىش (تىزىملاش) تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئېكسپورت يېمەكلىكلىرى تازىلىقى رويخىتى گۇۋاھنامىسىدىن 25نى، ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ قاچىلىنىش سۈپىتى ئىجازەتنامىسىدىن 12نى بەردى. IS09000 سۈپەت سىستېمىسىغا گۇۋاھلىق بېرىش خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، گۇۋاھلىق بېرىشنى ئىلتىماس قىلغان كارخانىلارنى كەسپىي جەھەتتىن مەسلىھەت سوراش، خادىم تەربىيىلەش، سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىش سىستېمىسى ئورنىتىش، باھالاش ۋە گۇۋاھلىقتىن ئۆتكۈزۈش قاتارلىق جەھەتلەردىن يېتەكلىدى ۋە ئۇلارغا ياردەم بەردى. بىر يىلدا 15 كارخانا باھالاشتىن ئۆتۈپ IS09000 گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشتى، 15 كارخانا بىلەن يېڭىدىن باھالاش توختامى ئىمزالىدى. ئىدارە يېمەكلىك ئېكسپورتىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن يېمەكلىك ئېكسپورت قىلىدىغان كارخانىلارنىڭ چەتئەلنىڭ تېخنىكا خاراكتېرلىك سودا توساقلىرىدىن ئۆتۈشىگە ياردەم بەردى، ئاپتونوم رايوندىكى تەيۋەنلىك سودىگەر مەبلەغ سېلىپ قۇرغان بىرلىك يېمەكلىك چەكلىك شىركىتىگە HACCP (خەتەرلىك ۋە ئاچقۇچلۇق نۇقتىلارنى كونترول قىلىش) گۇۋاھلىقى بەردى، شۇنىڭ بىلەن بىرلىك يېمەكلىك چەكلىك شىركىتى غەربىي شىمال رايونىدىكى HACCP سىستېمىسى ئورناتقان تۇنجى يېمەكلىك كارخانىسى بولۇپ قالدى ھەم 1999 - يىل 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى گۇۋاھلىقتىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ، شىنجاڭدىكى HACCP ۋە IS09000 سۈپەت سىستېمىلىرى گۇۋاھلىقىغا ئېرىشكەن تۇنجى كارخانا بولۇپ قالدى.

دۆلەت چېگرىدىن چىققان - كىرگەنلەرنى تەكشۈرۈش ۋە كارانتىن قىلىش ئىدارىسىنىڭ «چېگرىدىن كىرگەن ھايۋانات مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش، ساقلاش نۇقتىسى قىلىنغان كارخانىلارنى ئېنىقلاپ ئەنگە ئېلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»ىغا ئاساسەن، ئىدارە 1999 - يىلى 1 - ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە چېگرىدىن كىرگەن ھايۋانات مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش، ساقلاش نۇقتىسى قىلىنغان كارخانىلارنى ئېنىقلاپ ئەنگە ئېلىش خىزمىتى يىغىنى چاقىرىپ، كارانتىن قىلىنىدىغانلارنى تىزىملاش ۋە ئېنىقلاپ تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى. بىر يىلدا چېگرىدىن كىرگەن ھايۋانات مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلايدىغان، ساقلايدىغان 104 كارخانا قايتا تەكشۈرۈلۈپ تەرتىپكە سېلىندى. ئۇلاردىن 40 كارخانا تەلەپكە لايىق بولمىغانلىقى ئۈچۈن كارانتىن قىلىنىدىغانلارنى تىزىملاش سالاھىيىتى ئېلىپ تاشلاندى. تەكشۈرۈشتە چېگرىدىن كىرگەن ھايۋانات مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش، ساقلاش تەلىپىگە لايىق كەلگەن 64 كارخانىنىڭ چېگرىدىن كىرگەن ھايۋانات مەھسۇلاتلىرىنى كېيىنكى باشقۇرۇش ئىشى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى.

لى رۇيشىن

## تاشقى سودا ئېكسپورتى پائال قوللاندى

شىنجاڭ چېگرىدىن چىققان - كىرگەنلەرنى تەكشۈرۈش ۋە كارانتىن قىلىش ئىدارىسى 1999 - يىلى دۆلەت چېگرىدىن چىققان - كىرگەنلەرنى تەكشۈرۈش ۋە كارانتىن قىلىش ئىدارىسىنىڭ تاشقى سودا ئورۇنلىرىنىڭ ئېكسپورتىنى كېڭەيتىشنى قوللاش تەدبىرلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، رەسمىيەتلەرنى ئاددىيلاشتۇرۇش، جەريانىنى قىسقارتىش، جەدۋەللەرنى ئىتتىپاق بىجىرىپ بېرىش، ئالاھىدىلەرنى ئالاھىدە بىجىرىپ بېرىش، نۇقتىلىق پورتلاردا «ھاۋا چەكلىمىسىگە ئۇچرىماي» ، ھېيت - بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرى دەم ئالماي مۇلازىمەت قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا مۇلازىمەت تەدبىرلىرىنى يەنىمۇ ياخشىلىدى. ئاپتونوم رايون كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭشىلىشىگە پائال ماسلىشىپ، پاختا، ئاشلىق، پەمىدۇر، ئالقات، قىزىلچا، زاراڭزا،

كۆكتات، ئەشپۈت، قوغۇن، ئالما قاتارلىق ئۆزگىچە پاھلىقلارنى ئاپاتچ قىلىپ، پىششىقلانغان مەھسۇلاتلار ئېكسپورتىنى زور كۈچ بىلەن قوللىدى، شۇ مەھسۇلات چىقىدىغان جايلارغا ۋە مۇھىم مەھسۇلاتلار پىشىلىدىغان ـ تارقىلىدىغان جايلارغا تەكشۈرۈش ـ كاراتىن قىلىش گۇرۇپپىلىرىنى ئەۋەتىپ، ئېكسپورت كارخانىلىرىغا قولايلىق يارىتىپ بەردى ۋە مۇلازىمەت قىلدى. كۆپ مىقداردا ئېكسپورت قىلىنىدىغان پاختا، پەمىدۇر قىياسىغا ئوخشاش تاۋارلارنىڭ پىششىقلىنىشىغا زور كۈچ بىلەن مەدەت بەرگەندىن تاشقىرى، ئاپتونوم رايوننىڭ باشقا داڭلىق، سۈپەتلىك، ئالاھىدە، يېڭى مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئېكسپورتىدىمۇ يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلىشىنى ياتال ئىلگىرى سۈردى، مەسىلەن: خوشۇت «كاڭلۇڭ» گۇرۇھى شىركىتى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا دۆلەتلەرگە تەرخەمەك ئېكسپورت قىلدىغان، بوگۇر مىۋە ـ چېۋە پىششىقلاش زاۋۇتى تۇنجى قېتىم ئاۋستىرالىيىگە بال قاق ئېكسپورت قىلىدىغان ۋە باشقا كارخانىلار كاناداغا ئەشپۈت، ياپونىيىگە قوغۇن ئېكسپورت قىلىدىغان چاغلاردا تەكشۈرۈش ـ كاراتىن قىلىش تېخنىكىلىرى ئوراش ـ قاچىلاش، توختام ئىمزالاش قاتارلىق جەھەتلەردىن ياردەم بەردى ۋە يېتەكچىلىك قىلدى، شۇنداق قىلىپ شىنجاڭنىڭ داڭلىق، سۈپەتلىك يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنىڭ بازار تېپىشىغا ياردەم قىلدى. قوغۇننىڭ ياپونىيىگە ئېكسپورت قىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، جۇڭگو ـ ياپونىيە كېلىشىمىگە ئاساسەن، 1999 ـ يىلى ياپونىيە كاراتىن قىلىش خادىملىرىنى 11 ـ قېتىم شىنجاڭغا تەكلىپ قىلدى، ئۇلار قوغۇن چىۋىنىنى تەكشۈردى ۋە بىزنىڭ خادىملىرىمىز بىلەن بىللە قوغۇننى كاراتىن قىلدى، شىنجاڭدىكى 6 رايون ۋە قوغۇن چىقىدىغان جايدا 18 قوغۇن چىۋىنى تۇتۇش ئەسۋابى ئورنىتىپ كۆزەتتى ۋە تەكشۈردى، نەتىجىدە ھېچقايسىسىدىن قوغۇن چىۋىنى بايقالمىدى، شۇنىڭ بىلەن ياپونىيە تەرەپ شىنجاڭ قوغۇنلىرىدا قوغۇن چىۋىنى يوقلۇقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. 7 ـ ئايدا ياپونىيىگە 4 تۈركۈم، 2446 ساندۇق، 30 نەچچە توننا قوغۇن ئېكسپورت قىلىندى. قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئۈچەي، ئۈن، سۇسىزلاندۇرۇلغان كۆكتات ئېكسپورت قىلىشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن فاكس ئارقىلىق تەكشۈرۈشكە يوللاش، فاكس ئارقىلىق گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈشكە ئوخشاش ئەپچىل تەدبىرلەرنى قوللاندى. شىنجاڭ چېگرىدىن چىققان ـ كىرگەنلەرنى تەكشۈرۈش ۋە كاراتىن قىلىش ئىدارىسى قوغۇن چىقىدىغان جايلاردا ئىشلەۋاتقان تەكشۈرۈش ـ كاراتىن قىلىش خادىملىرى فاكس ئارقىلىق يوللىغان تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە قاراپ گۇۋاھلىقتىن ئۆتتى ۋە گۇۋاھنامە بېرىپ بەردى ھەم گۇۋاھنامىلارنى ئېكسپورت كارخانىلىرى كۆرسەتكەن پورت ۋاكالەتخانىلىرىغا پوچتا ئارقىلىق ئەۋەتىپ بېرىپ، ئېكسپورت كارخانىلىرىنىڭ مال ماڭغۇزۇش سۈرئىتىنى تېزلەتتى. كارخانىلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن ھەق تۈرلىرىنى 4 قېتىم تەڭشەپ، ھەقلەرنى تۆۋەنلەتتى، تەكشۈرۈش ـ كاراتىن قىلىش ھەقلىرىنىڭ ھەممىسى ئۈچتىن بىر ئۆلۈش تۆۋەنلىدى.

لى رۇيشىن

# يەر باشقۇرۇش خىزمىتى

## تېرىلغۇ يەر ئومۇمىي مىقداردا نىسپىي تەڭپۇڭلۇق ساقلاندى

1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندا بوز يەر ئېچىش، تاشلىنىۋېتىلگەن يەرلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئارقىلىق تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 15 مىڭ 40.87 گېكتار كېڭەيدى. لېكىن ھەرخىل قۇرۇلۇشلار 54. 496 گېكتار يەرنى ئىگىلەپ كەتتى، ئىگىلەپ كېتىلگەن يەرنى چىقىرىۋەتكەندە، ئاپتونوم رايوندا تېرىلغۇ يەر 14 مىڭ 33. 544 گېكتار كۆپەيدى.

جالڭ فۇشەن

## قۇرۇلۇشقا يەر تەستىقلاش ئەھۋالى

ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى قۇرۇلۇشقا تەستىقلىغان يەر 74. 4174 گېكتارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەر 54. 496 گېكتار. ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى تەستىقلىغان يەر ئىچىدە گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقلىغىنى 33. 2971 گېكتار، ئاپتونوم رايوننىڭ تەستىقلىغىنى 41. 1203 گېكتار.

جالڭ فۇشەن

## دۆلەت يېرىنى ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ئۆتۈنۈپ بېرىش ئەھۋالى

ئاپتونوم رايوندىكى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ يەر باشقۇرۇش تارماقلىرى 1999 ـ يىلى 1732 پارچە، 62. 2643 گېكتار دۆلەت يېرىنى ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ھەقلىق ئۆتۈنۈپ بەردى، بۇ قۇرۇلۇشقا تەستىقلاپ بېرىلگەن يەرنىڭ %30نى ئىگىلەيدۇ، يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ھەقلىق ئۆتۈنۈپ بېرىش كىرىمى 16 مىڭ 47. 666 يۈەن بولدى. كىم ئارتۇق سودىسىغا سېلىپ ئىشلىتىش ھوقۇقى ئۆتۈنۈپ بېرىلگەن يەر كۆپىيىپ 29 پارچىغا يەتتى.

جالڭ فۇشەن

# مالىيە، باج

## مالىيە

### مالىيە كىرىم - چىقىمىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1. مالىيە كىرىمىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيە كىرىمى 7 مىليارد 444 مىليون 40 مىڭ يۈەن (ئادەتتىكى خام چوت كىرىمى 7 مىليارد 131 مىليون 100 مىڭ يۈەن، فوند خام چوت كىرىمى 312 مىليون 940 مىڭ يۈەن ئورۇندالدى) ئورۇندىلىپ، تەڭشەلگەن خام چوتنىڭ 101.73%نى ئىگىلەپ، 1998 - يىلدىكىدىن 11.83% ئاشتى. كىرىمنىڭ ئاساسىي تۈرلىرىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى مۇنداق بولدى:

1) قىممىتى ئاشقان باج 1 مىليارد 236 مىليون 110 مىڭ يۈەن ئورۇندىلىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 2.6% ئاشتى؛ تىجارەت بېجى 1 مىليارد 902 مىليون 150 مىڭ يۈەن ئورۇندىلىپ، 15.23% ئاشتى؛ شەخسىي تاپاۋەت بېجى 610 مىليون 300 مىڭ يۈەن ئورۇندىلىپ، 20.42% ئاشتى؛ بايلىق بېجى 241 مىليون 940 مىڭ يۈەن ئورۇندىلىپ، 10.91% تۆۋەنلىدى؛ تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش يۆنىلىشىنى تەڭشەش بېجى 218 مىليون 590 مىڭ يۈەن ئورۇندىلىپ، 20.59% تۆۋەنلىدى؛ شەھەر مۇھاپىزىتى قۇرۇلۇشى بېجى 508 مىليون 20 مىڭ يۈەن ئورۇندىلىپ، 12.78% ئاشتى؛ ئۆي - زېمىن بېجى 307 مىليون 330 مىڭ يۈەن ئورۇندىلىپ، 14.27% ئاشتى.

2) دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنىڭ 5 بېجى 525 مىليون 20 مىڭ يۈەن ئورۇندىلىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 2.66% تۆۋەنلىدى؛ بۇنىڭ ئىچىدە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بېجى 431 مىليون 180 مىڭ يۈەن بولۇپ، 4.66% تۆۋەنلىدى؛ يەر خېتى بېجى 39 مىليون 660 مىڭ يۈەن ئورۇندىلىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 24.99% ئاشتى.

3) كارخانىلارنىڭ كىرىمى 369 مىليون 300 مىڭ يۈەن ئورۇندىلىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 2.74% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، كارخانىلارنىڭ تاپاۋەت بېجى 526 مىليون 540 مىڭ يۈەن ئورۇندىلىپ، 11.24% ئاشتى؛ دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ پىلاندىكى زىيىنىغا بېرىلگەن قوشۇمچە ياردەمدىن 144 مىليون

### يەرلەرنى دەرىجىگە ئايرىپ باھا قويۇش ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى 16 ناھىيە شەھەر - بازار يەرلىرىنى دەرىجىگە ئايرىپ باھا قويۇش خىزمىتىنى تاماملىدى، ئۇلارنىڭ خىزمىتى ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى، 3 ناھىيە يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان يەرلەرنى دەرىجىگە ئايرىپ باھا قويۇش خىزمىتىنى تاماملىدى، ئۇلارنىڭ خىزمىتى ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. ئۇلار: خېجىڭ، نىلقا، قوبۇقسار ناھىيىلىرى. يىل ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە يەرلەرنى دەرىجىگە ئايرىپ باھا قويۇش خىزمىتىنى ئىشلەپ بولغان ناھىيە (شەھەر) 59غا يەتتى.

جاڭ فۇشەن

### يەرگە باھا قويۇش ئاپپاراتلىرى

ئاپتونوم رايون 1999 - يىلى يەرگە باھا قويغۇچى ۋاستىلىق مۇلازىمەت تەشكىلاتلىرى ۋە خادىملىرىنىڭ لاياقىتىنى تەكشۈردى ۋە ئېتىراپ قىلدى ھەم يەرگە باھا قويۇش ئاپپاراتلىرىنىڭ قول ئۈزۈشىگە تەييارلىق كۆردى. ئاپتونوم رايوندىكى يەرگە باھا قويغۇچى 44 ئاپپاراتنىڭ 4ى A دەرىجىلىك، 20سى B دەرىجىلىك، 20سى C دەرىجىلىك بولۇپ باھالاندى. يىل ئاخىرىدا يەرگە باھا قويۇش لاياقىتىگە ئىگە كىشى ئاپتونوم رايون بويىچە 419غا يەتتى.

جاڭ فۇشەن

### يەر ماجىرالىرىنى ھەل قىلىش ۋە يەرگە بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئىشلىنىش ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندا 41 قېتىم يەر، ئوتلاق ماجىراسى يۈز بەردى، ئۇلارنىڭ 34ى ھەل قىلىندى، 3ى ھەل قىلىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ، 4نىڭ ئايغى چىقمىدى. بېكىتۈەتكە قاراشلىق ئورۇنلار ئىشلىتىۋاتقان دۆلەت يەرلىرىنىڭ

420 مىڭ يۈەن خەزىنىگە قايتۇرۇلۇپ، %33.78 ئاشتى؛ كارخانىلارنىڭ تاپاۋەت بېجىدىن قايتۇرۇلىدىغان باج ئۆچۈن خەزىنىدىن 12 مىليون 820 مىڭ يۈەن قايتۇرۇلۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن %36.09 ئاشتى.

4) مەمۇرىي خاراكتېرلىك ھەق ئېلىش ۋە جەرىمانە، مۇسادىرە قىلىش كىرىمى 496 مىليون 60 مىڭ يۈەن ئورۇندىلىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %6.97 ئاشتى.

5) فوند كىرىمى 312 مىليون 910 مىڭ يۈەن ئورۇندىلىپ، ئوخشاش ئۆلچەمدە %166.42 ئاشتى.

2. مەركەزگە تاپشۇرۇلىدىغان «2 باج» نىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ مەركەزگە تاپشۇرۇلىدىغان «2 باج» كىرىمى 4 مىليارد 747 مىليون 680 مىڭ يۈەن ئورۇندىلىپ، %2.26 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە، قىممىتى ئاشقان باج (%75 قىسمى) 3 مىليارد 683 مىليون 590 مىڭ يۈەن ئورۇندىلىپ، %1.59 ئاشتى؛ ئىستېمال بېجى 1 مىليارد 64 مىليون 90 مىڭ يۈەن ئورۇندىلىپ، %3.47 ئاشتى.

3. 1999 - يىلدىكى مالىيە چىقىمىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيە چىقىمى (ئادەتتىكى خام چوت چىقىمى ۋە فوند خام چوتى چىقىمى شۇنىڭ ئىچىدە) 16 مىليارد 911 مىليون 470 مىڭ يۈەن ئورۇندىلىپ، %14.75 ئاشتى. ئاساسلىق تۈرلەر بويىچە قارىغاندا:

1) ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش خاراكتېرلىك چىقىم 4 مىليارد 210 مىليون 950 مىڭ يۈەن ئورۇندىلىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %16.38 (زايومغا بېرىلگەن 579 مىليون 600 مىڭ يۈەن قوشۇمچە ياردەمنى چىقىرىۋەتكەندە، %10.54 ئاشىدۇ) ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئاساسىي قۇرۇلۇش چىقىمى 1 مىليارد 684 مىليون 110 مىڭ يۈەن ئورۇندىلىپ، %27.89 (زايومنى كۆپەيتىپ تارقىتىشقا بېرىلگەن قوشۇمچە ياردەم 579 مىليون 600 مىڭ يۈەننى چىقىرىۋەتكەندە، %16.4 ئاشىدۇ) ئاشتى؛ كارخانىلارنىڭ يوشۇرۇن كۈچلىرىنى قېزىش، تېخنىكا ئۆزگەرتىش مەبلىغى 258 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن تەڭپۇڭلاشتى؛ پەن - تېخنىكىنىڭ 3 خىل خىراجىتى 102 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %29.75 ئورۇندالدى؛ يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش چىقىمى ۋە يېزا ئىگىلىكىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇش خىراجىتى 524 مىليون 160 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %19.01 ئاشتى؛ شەھەر مۇھاپىزىتى خىراجىتى 735 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %33.86 ئاشتى؛ تەرەققىي قىلمىغان رايونلارنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ياردەم بېرىش مەبلىغى چىقىمى 548 مىليون 860 مىڭ يۈەن بولۇپ، %8.55 تۆۋەنلىدى.

2) كەسپىي، مەمۇرىي خىراجەت چىقىمى 10 مىليارد 996 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %12.51 ئاشتى، ئەگەر، بۇنىڭدىن ئىش ھەققىنى تەڭشەش

---

ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى، بۇ خىزمەت 223 ناھىيە (شەھەر)، تۈەن - مەيداندا باشلىنىپ، ئۇلاردىن 81ى يەرگە ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بولدى.

جالڭ فۇشەن

## يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانى تۈزۈلدى

ئاپتونوم رايون 1999 - يىلى يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانى تۈزۈش خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى زورايتىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش خىزمىتىنى ئىشلەپ بولدى. ئاپتونوم رايوندىكى پىلان تۈزۈشكە تېگىشلىك بولغان ناھىيە (شەھەر) دەرىجىلىكتىن يۇقىرى 101 ئورۇندىن 36سىنىڭ يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانى تەستىقلىنىپ بولدى.

جالڭ فۇشەن

## يەر قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىش دېلولىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىش ئەھۋالى

ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك يەر باشقۇرۇش تارماقلىرى 1999 - يىلى يەر قانۇنىغا خىلاپ ھەر خىل دېلودىن 940نى ئارخىپ تۇرغۇزۇپ بىر تەرەپ قىلدى. بۇ دېلولار ئىچىدە قانۇنسىز يەر ئىگىلىۋېلىش دېلوسى 464، يەر ئېلىش - سېتىش ياكى يەرنى قانۇنسىز ئۆتنۈپ بېرىش دېلوسى 139، كۆلىمى 46.95 گېكتار، تېرىلغۇ يەرنى بۇزۇۋېتىش دېلوسى 23، كۆلىمى 10.68 گېكتار، قانۇنسىز يەر تەستىقلاش دېلوسى 44، قانۇنسىز تەستىقلانغان يەرنىڭ كۆلىمى 33.94 گېكتار، ئەرزان سېتىۋېتىش دېلوسى بىر، كۆلىمى 70.03 گېكتار، يەر قانۇنىغا خىلاپ باشقا دېلو 269، كۆلىمى 3241.60 گېكتار. ئارخىپ تۇرغۇزۇپ بىر تەرەپ قىلىنغان دېلولارنىڭ 881ى ئۈستىدىن بىر تەرەپ قىلىش قارارى چىقىرىلدى، دېلولارنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىپ بولۇش نىسبىتى %94كە يەتتى.

جالڭ فۇشەن

ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت سەۋەبىدىن كۆپەيگەن چىقىم ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە، ئوخشاش ئۆلچەم بويىچە %8.4 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق، ھاۋارايى كەسپىي خىراجىتى 753 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %12.89 ئاشتى؛ مەدەنىيەت، تەنتەربىيە، رادىئو كەسپىي خىراجىتى 459 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %1.12 ئاشتى؛ مائارىپ كەسپىي خىراجىتى 2 مىليارد 764 مىليون 670 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %10.06 ئاشتى؛ سەھىيە كەسپىي خىراجىتى 963 مىليون 680 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %8.4 ئاشتى؛ باج قاتارلىق تارماقلارنىڭ كەسپىي خىراجىتى 603 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %7.23 ئاشتى؛ نەپىقە ۋە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق قۇتقۇزۇش خىراجىتى 247 مىليون 680 مىڭ يۈەن بولۇپ، %5 تۆۋەنلىدى؛ مەمۇرىي باشقۇرۇش خىراجىتى 1 مىليارد 885 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %5.84 ئاشتى؛ ج خ، تەپتىش، سودا چىقىمى 1 مىليارد 126 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %11.99 ئاشتى؛ مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىقىش خىراجىتى 1 مىليارد 497 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %22.1 ئاشتى.

3) سىياسەت خاراكتېرلىك قوشۇمچە ياردەم ۋە باشقا چىقىملار 1 مىليارد 420 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %17.67 ئاشتى.

4) فوند چىقىمى 283 مىليون 590 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن %3.54 تۆۋەنلىدى.

مالىيە چىقىمى 1998 - يىلدىكىدىن 2 مىليارد 174 مىليون يۈەندىن كۆپرەك ئاشتى، ئاساسلىقى مۇنداق بىر نەچچە تەرەپتىن كۆرۈلىدۇ:

1) خادىملار خىراجىتى چىقىمى 900 مىليون يۈەندىن كۆپرەك ئېشىپ، چىقىمنىڭ ئېشىش نورمىسىنىڭ %41.4 ىنى ئىگىلىدى. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون دۆلەت ئوتتۇرىغا قويغان ئىش ھەققىنى تەڭشەش سىياسىتىنى ئىجرا قىلىپ، بۇ بىر يىلدا 570 مىليون يۈەن چىقىم ئاشۇرۇلغانلىقى مۆلچەرلەندى، ئۇنىڭدىن باشقا، نورمال ئادەم كۆپىيىش مۇناسىۋىتى بىلەن ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىملار خىراجىتى، باشقا جەھەتتىكى خادىملار خىراجىتى چىقىملىرى بىر ئاز كۆپەيدى.

2) ئاپتونوم رايوننىڭ تىنچ - ئىتتىپاق سىياسىي ۋەزىيىتىنى قوغداش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك مالىيە ئورۇنلىرى ج خ، تەپتىش، سودا، ئەدلىيە خىزمىتىنى قوللاش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، نۇرغۇن مالىيە مەبلىغىنى كۆپەيتىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، دېلو بېجىرىش شارائىتىنى ياخشىلاش، قانۇن - تۈزۈم ۋاستىسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئىشلەتتى.

3) كۆپەيتىلگەن زايومغا بېرىلىدىغان قوشۇمچە ياردەم مەبلىغى قاتارلىق مەخسۇس تۈردىكى مەبلەغ چىقىمى 580 مىليون يۈەن كۆپەيدى. 1999 - يىلى مەركىزىي كومىتېت ئاكتىپ مالىيە سىياسىتىنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، زايومنى كۆپەيتىپ تارقىتىپ، ئۇنى ئاساس مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا، ئاپتونوم رايوننىڭ بىر قىسىم مەبلىغىنى تولۇقلاشقا ئىشلەتتى.

4) 1998 - يىلدىكى ھېساباتتىن يۆتكەلگەن مەركەزنىڭ 400 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەخسۇس مەبلىغى نەقلەشتۈرۈلدى. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون ئۆز دەرىجىسى ئىچىدە تۈرلۈك ئامال‌لارنى قىلىپ، مەبلەغ توپلاپ، مەركەزنىڭ مەخسۇس تۈردىكى مەبلىغىنىڭ ۋاقتىدا، تولۇق نەقلىنىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى، ئۇنىڭ سىرتىدا، يەنە بۇلتۇر يىل ئاخىرىدا مەركەز چۈشۈرۈپ بەرگەن مەخسۇس مەبلەغنىڭ نەقلىنىشىگە ئىمكانىقەدەر كاپالەتلىك قىلدى.

### 4. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون مالىيە كىرىم - چىقىمىنىڭ تەڭپۇڭلىنىش ئەھۋالى

1) ئادەتتىكى خام چوت كىرىم - چىقىمى ئەھۋالى. ئومۇمىي كىرىم 17 مىليارد 634 مىليون 200 مىڭ يۈەن بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە، شۇ يىللىق كىرىم 7 مىليارد 131 مىليون 100 مىڭ يۈەن، مەركەز قوشۇمچە ياردەم بەرگەن كىرىم 9 مىليارد 399 مىليون 670 مىڭ يۈەن (نورمىلىق قوشۇمچە ياردەم، مەخسۇس تۈردىكى قوشۇمچە ياردەم، باجدىن قايتۇرۇلغىنى، يۆتكەلگەن چىقىم، كىرىمنى تەڭشەش ۋەزىپىسى، راسچوت قوشۇمچە ياردىمى ۋە باشقا قوشۇمچە ياردەملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، زايومدىن قەرز پۇلغا ئۆزگەرتىلگەن كىرىم 1 مىليارد 14 مىليون 60 مىڭ يۈەن؛ زايومدىن قەرز پۇلغا ئۆزگەرتىلىپ، ئۆتكەن يىلدىن قالغان قالدۇق 199 مىليون 200 مىڭ يۈەن؛ 1998 - يىلنىڭ قالدۇقىدىن قىلىنغان كىرىم 243 - مىليون 480 مىڭ يۈەن، يۆتكەپ كىرىلگەن مەبلەغ 133 مىليون 650 مىڭ يۈەن.

جەمئىي چىقىم 18 مىليارد 83 مىليون 720 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە، شۇ يىلدىكى چىقىم 16 مىليارد 627 مىليون 880 مىڭ يۈەن، مەركەزگە تاپشۇرۇلغان چىقىم 236 مىليون 580 مىڭ يۈەن، كۆپەيتىلگەن خام چوت ئوبوروت سوممىسى 6 مىليون يۈەن، زايومنى قەرز پۇلغا ئۆزگەرتىپ قىلىنغان كىرىمدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان چىقىم 1 مىليارد 198 مىليون 360 مىڭ يۈەن، زايومدىن قەرز پۇلغا ئۆزگەرتىپ قىلىنغان كىرىمنىڭ قالدۇقى 14 مىليون 900 مىڭ يۈەن.

كىرىم بىلەن چىقىمنى بالانس قىلغاندا يىل ئاخىرىدىكى دومىلىما ئامانەت پۇل قالدۇقى مىنوس 449 مىليون 520 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە، كېيىنكى يىلغا ئاغدۇرۇلغان

تۈرلۈك چىقىم 1 مىليارد 589 مىليون 540 مىڭ يۈەن، ساپ قالدۇق 2 مىليارد 39 مىليون 60 مىڭ يۈەن قىزىل رەقەم (1998 - يىلى ھېساپتا ئېسىلىپ قالغان قىزىل رەقەم 2 مىليارد 75 مىليون 180 مىڭ يۈەن، شۇ يىلنىڭ ئۆزىدىكى قالدۇق 36 مىليون 120 مىڭ يۈەن).

2) فوند خام چوتىنىڭ كىرىم - چىقىم ئەھۋالى. ئومۇمىي كىرىم 341 مىليون 130 مىڭ يۈەن. بۇنىڭ ئىچىدە، شۇ يىلدىكى كىرىم 312 مىليون 940 مىڭ يۈەن، 1998 - يىلدىكى قالدۇقتىن بولغان كىرىم 9 مىليون 640 مىڭ يۈەن؛ مەركەز بەرگەن قوشۇمچە ياردەمدىن قىلىنغان كىرىم 18 مىليون 550 مىڭ يۈەن، ئومۇمىي چىقىم 283 مىليون 590 مىڭ يۈەن. كىرىم - چىقىمنى بالانس قىلغاندا، يىل ئاخىرىدا دومىلىما ئامانەت پۇل قالدۇقى 57 مىليون 540 مىڭ يۈەن بولدى.

ۋاڭ جيەنجياڭ

## خام چوت سىرتىدىكى مەبلەغنىڭ كىرىم - چىقىم ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ خام چوت سىرتىدىكى مەبلەغ كىرىمى 4 مىليارد 828 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 11.15% ئاشتى. بۇ بىر يىلدا خام چوت سىرتىدىكى مەبلەغ كىرىمى شۇ يىلدىكى مالىيە كىرىمىنىڭ 64.87% گە تەڭلىشىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ شۇ يىللىق ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 4.13% نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، مەمۇرىي، كەسپىي خاراكتېرلىك ھەق كىرىمى 3 مىليارد 758 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 15.12% ئاشتى؛ فوند ۋە قوشۇمچە كىرىم 415 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 6.06% ئاشتى؛ ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلارنىڭ توپلانما كىرىمى 21 مىليون 890 مىڭ يۈەن بولۇپ، 52.98% كېمەيدى؛ باشقا كىرىملەر 527 مىليون 220 مىڭ يۈەن بولۇپ، 5.52% كېمەيدى، يېزا، بازارلار ئۆزى تەييارلىغان بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش مەبلىغى كىرىمى 105 مىليون 410 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 27.25% ئاشتى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ خام چوت سىرتىدىكى مەبلەغ چىقىمى 4 مىليارد 415 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 6.71% ئېشىپ، شۇ يىللىق مالىيە چىقىمىنىڭ 26.11% نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، مەمۇرىي، كەسپىي خىراجەت چىقىمى 3 مىليارد 237 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 12.54% ئاشتى؛ ئاساسىي قۇرۇلۇش چىقىمى 576 مىليون 40 مىڭ يۈەن بولۇپ، 12.72% كېمەيدى، باشقا چىقىملار 403 مىليون 760 مىڭ يۈەن بولۇپ، 89.76% ئاشتى؛ يېزا - بازارلار ئۆزى تەييارلىغان بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش مەبلىغى چىقىمى 106 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 32.82% ئاشتى.

لى جىنپىڭ

## مەمۇرىي، كەسپىي خاراكتېرلىك ئېلىنغان ھەق، ھۆكۈمەت خاراكتېرلىك فوندلارنى باشقۇرۇش

1999 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە گوۋۇيۈەن، مالىيە مىنىستىرلىكى ۋە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بىلەن 57 تۈرلۈك ھۆكۈمەت خاراكتېرلىك فوند تەسىس قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە، گوۋۇيۈەن ۋە مالىيە مىنىستىرلىكى تەستىقلىغىنى 48 تۈر، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلىغىنى 9 تۈر. گوۋۇيۈەن، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئۇلارنىڭ مالىيە، مال باھا تارماقلىرى تەستىقلاپ تەسىس قىلغان مەمۇرىي، كەسپىي خاراكتېرلىك ھەق ئېلىش تۈرى 470 تۈر، بۇنىڭ ئىچىدە، مەركەز تەستىقلىغىنى 285 تۈر، ئاپتونوم رايون تەستىقلىغىنى 185 تۈر. نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايون يولغا قويۇۋاتقان مەمۇرىي، كەسپىي خاراكتېرلىك ھەق ئېلىش تۈرى 390 تۈر، بۇنىڭدىن، گوۋۇيۈەن ۋە مالىيە مىنىستىرلىكى، دۆلەت پىلان كومىتېتى تەكشۈرۈپ تەستىقلىغىنى 205 تۈر، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ش ئۇ ئا ر مالىيە، مال باھا تارماقلىرى تەكشۈرۈپ تەستىقلىغىنى 185 تۈر.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندا 44 خىل مەمۇرىي، كەسپىي خاراكتېرلىك ھەق، ھۆكۈمەت خاراكتېرلىك فوند تۈرى ئېنىقلاپ، ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، ھوقۇقتىن ھالقىپ تەسىس قىلىنغان، يەككە ئىگىلىككە چېتىلىدىغان ھەق ئېلىش تۈرى 31 تۈر، كارخانىلارغا چېتىلىدىغىنى 10 تۈر، ئاپتونوم رايون تەسىس قىلغان، ھۆكۈمەت خاراكتېرلىك فوند تۈرى 3 تۈر؛ 9 ئورۇنغا چېتىلىدىغان مەمۇرىي كەسپىي خاراكتېرلىك 19 تۈرلۈك ھەق تۈزىتىلدى.

1999 - يىلى، ئاپتونوم رايون بويىچە مەمۇرىي، كەسپىي خاراكتېرلىك ھەق ئېلىشتىن بولغان كىرىم ۋە ھۆكۈمەت خاراكتېرلىك فوند كىرىمى 6 مىليارد 440 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 6.7% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، مەمۇرىي، كەسپىي خاراكتېرلىك ھەق كىرىمى 4 مىليارد 108 مىليون 860 مىڭ يۈەن بولۇپ، 63.79% نى ئىگىلىدى؛ ھۆكۈمەت خاراكتېرلىك فوند كىرىمى 2 مىليارد 332 مىليون 10 مىڭ يۈەن بولۇپ، 36.21% نى ئىگىلىدى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مەمۇرىي، كەسپىي

خاراكتېرلىك ھەق چىقىمى ۋە ھۆكۈمەت خاراكتېرلىك فوند چىقىمى 6 مىليارد 86 مىليون 960 مىڭ يۈەن بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە، مەمۇرىي، كەسپىي خاراكتېرلىك چىقىم 3 مىليارد 787 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %62.22نى ئىگىلىدى؛ ھۆكۈمەت خاراكتېرلىك فوند چىقىمى 2 مىليارد 299 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %37.78نى ئىگىلىدى. چىقىم قىلىنغان پۇل تۈرىدىن قارىغاندا، مەمۇرىي، كەسپىي خاراكتېرلىك چىقىم 3 مىليارد 716 مىليون 320 مىڭ يۈەن، ئاساسىي قۇرۇلۇش چىقىمى 1 مىليارد 147 مىليون 60 مىڭ يۈەن، شەھەر مۇھاپىزىتى چىقىمى 101 مىليون 110 مىڭ يۈەن، باشقا چىقىملار 1 مىليارد 122 مىليون 470 مىڭ يۈەن.

مەمۇرىي، كەسپىي خاراكتېرلىك ھەق، ھۆكۈمەت خاراكتېرلىك فوندنى باشقۇرۇش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مەمۇرىي، كەسپىي خاراكتېرلىك ھەق ئىچىدىن، خام چوت ئىچىگە كىرگۈزۈپ باشقۇرۇلغىنى 349 مىليون 890 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە، دۆلەت خەزىنىسىگە تاپشۇرۇلغىنى 334 مىليون 460 مىڭ يۈەن، دۆلەت خەزىنىسىگە تاپشۇرۇلمىغىنى 15 مىليون 430 مىڭ يۈەن؛ خام چوت سىرتىدا باشقۇرۇشقا تېگىشلىك ھەق 3 مىليارد 758 مىليون 970 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە، مالىيىنىڭ مەخسۇس ھېسابىغا تاپشۇرۇلغىنى 2 مىليارد 752 مىليون 580 مىڭ يۈەن، قالدۇرۇپ ئىشلىتىشكە ئەستىقلانغىنى 797 مىليون 710 مىڭ يۈەن (ئاساسلىقى داۋالاش ھەققى)، مالىيىنىڭ مەخسۇس ھېسابىغا تاپشۇرۇلمىغىنى 208 مىليون 680 مىڭ يۈەن. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ھۆكۈمەت خاراكتېرلىك فوند (مەبلەغ، قوشۇمچە) كىرىمى ئىچىدە، خام چوت ئىچىگە كىرگۈزۈپ باشقۇرۇشقا تېگىشلىك فوند 1 مىليارد 916 مىليون 780 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە، دۆلەت خەزىنىسىگە تاپشۇرۇلغىنى 603 مىليون 690 مىڭ يۈەن، دۆلەت خەزىنىسىگە تاپشۇرۇلمىغىنى 1 مىليارد 313 مىليون 90 مىڭ يۈەن؛ خام چوت سىرتىدا باشقۇرۇشقا تېگىشلىك ھۆكۈمەت خاراكتېرلىك فوند 415 مىليون 232 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە، مالىيىنىڭ مەخسۇس ھېسابىغا تاپشۇرۇلغىنى 389 مىليون 200 مىڭ يۈەن، مالىيە مەخسۇس ھېسابىغا تاپشۇرۇلمىغىنى 26 مىليون 30 مىڭ يۈەن.

جياڭ ئەيلىڭ

## تۇرالغۇ ئۆي مەبلىغىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايونىنىڭ تۇرالغۇ ئۆي مەبلىغى كىرىمى 3 مىليارد 555 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %21 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، شەھەر تۇرالغۇ ئۆي فوند كىرىمى 130 مىليون 40 مىڭ يۈەن، يەرلىك مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ تۇرالغۇ ئۆي فوند كىرىمى 960 مىليون 390 مىڭ يۈەن، تۇرالغۇ ئۆي جامائەت فوندى كىرىمى 883 مىليون 770 مىڭ يۈەن، باشقا تۇرالغۇ ئۆي فوند كىرىمى 1 مىليارد 581 مىليون 450 مىڭ يۈەن. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تۇرالغۇ ئۆي فوندى چىقىمى 3 مىليارد 730 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %26 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە، شەھەر تۇرالغۇ ئۆي فوندى چىقىمى 124 مىليون 270 مىڭ يۈەن، مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ تۇرالغۇ ئۆي فوندى چىقىمى 1 مىليارد 112 مىليون 630 مىڭ يۈەن، تۇرالغۇ ئۆي جامائەت فوندى چىقىمى 530 مىليون 100 مىڭ يۈەن، باشقا تۇرالغۇ ئۆي مەبلىغى چىقىمى 1 مىليارد 963 مىليون 210 مىڭ يۈەن بولدى. 1999 - يىلدىكى تۇرالغۇ ئۆي مەبلىغىنىڭ دومىلىما ئامانەت قالدۇقى 4 مىليارد 278 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، شەھەر تۇرالغۇ ئۆي فوندى قالدۇقى 126 مىليون 940 مىڭ يۈەن، مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ تۇرالغۇ ئۆي فوندى قالدۇقى 1 مىليارد 491 مىليون 380 مىڭ يۈەن، تۇرالغۇ ئۆي جامائەت فوندى قالدۇقى 2 مىليارد 206 مىليون 240 مىڭ يۈەن، باشقا تۇرالغۇ ئۆي مەبلەغ قالدۇقى 453 مىليون 660 مىڭ يۈەن بولدى.

لى خەيىڭ

## ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ مالىيە كىرىم - چىقىم ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايونىنىڭ ناھىيە دەرىجىلىك مالىيە كىرىمى (فوند كىرىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ، تۆۋەندىمۇ ئوخشاش) 4 مىليارد 171 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئاپتونوم رايون مالىيە كىرىمىنىڭ %58.5نى ئىگىلەپ، 1998 - يىلدىكىدىن 10.9 پوئىنت ئاشتى. مالىيە چىقىمى 7 مىليارد 593 مىليون يۈەن ئورۇندىلىپ، ئاپتونوم رايون مالىيە چىقىمى (16 مىليارد 628 مىليون يۈەن) نىڭ %45.67 نى ئىگىلىدى. شۇ يىلدىكى مالىيە كىرىم - چىقىمى بويىچە ھېسابلىغاندا، ناھىيە دەرىجىلىك مالىيىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەش نىسبىتى %54.94كە يېتىپ، 2.5 پوئىنت يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئۇنىڭغا باجدىن قايتۇرۇپ كېلىنگەن كىرىمنى قوشساق، ناھىيە دەرىجىلىك مالىيىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەش نىسبىتى %69.89 بولىدۇ. ئاپتونوم رايوندىكى 96 ناھىيە، شەھەر، رايون ئىچىدە، ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەش سەۋىيىسى %50 تىن يۇقىرى بولغانلىرى 39، %30 —

%50 گىچە بولغىنى 21، %30 تىن تۆۋىنى 36.

96 ناھىيە، شەھەر، رايون ئىچىدە، 1999 ـ يىلى مالىيە كىرىمى 100 مىليون يۈەندىن ئاشقىنى 12، بۇ 1998 ـ يىلدىكىدىن 5ى كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە، كورلا شەھىرىنىڭ 294 مىليون 160 مىڭ يۈەن، ئۈرۈمچى شەھىرى تەڭرىتاغ رايونىنىڭ 180 مىليون 240 مىڭ يۈەن، شىخەنزە شەھىرىنىڭ 175 مىليون 920 مىڭ يۈەن، ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونىنىڭ 163 مىليون 150 مىڭ يۈەن، قاراماي شەھىرى قارامايى رايونىنىڭ 160 مىليون 20 مىڭ يۈەن، پىچان ناھىيىسىنىڭ 156 مىليون 410 مىڭ يۈەن، غۇلجا شەھىرىنىڭ 138 مىليون 720 مىڭ يۈەن، ئاقسۇ شەھىرىنىڭ 133 مىليون 570 مىڭ يۈەن، ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ 128 مىليون 750 مىڭ يۈەن، سانجى شەھىرىنىڭ 121 مىليون 320 مىڭ يۈەن، قۇمۇل شەھىرىنىڭ 117 مىليون 50 مىڭ يۈەن، كۈيتۇڭ شەھىرىنىڭ 103 مىليون 510 مىڭ يۈەن؛ مالىيە كىرىمى 30 مىليون يۈەندىن يۇقىرى بولغانلار 40، كىرىمى 10 مىليون يۈەندىن 30 مىليون يۈەنگىچە بولغانلار 36؛ كىرىمى 10 مىليون يۈەندىن تۆۋەن بولغانلار 20. بۇنىڭ ئىچىدە، كىرىمى1 مىليون يۈەنگە يەتمەيدىغان ناھىيە ئارا تۇرۇك ناھىيىسى. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەربىر ناھىيىنىڭ كىرىم كۆلىمى 43 مىليون 450 مىڭ يۈەن بولدى، ئوتتۇرىچە ساندىن تۆۋەن بولغان ناھىيە، شەھەر 66. ناھىيە دەرىجىلىك مالىيە كىرىمىنىڭ قۇرۇلما ئەھۋالىدىن قارىغاندا: سودا ـ سانائەت بېجى كىرىمى %27. 63نى ئىگىلەپ، 4. 83 پوئىنت تۆۋەنلىدى؛ كارخانا كىرىمى %59. 6نى ئىگىلىدى، يېزا ئىگىلىكىنىڭ 5 بېجى %77. 11نى ئىگىلىدى؛ باشقا ھەر تۈرلۈك كىرىملەر %37. 18نى ئىگىلىدى.

ناھىيە دەرىجىلىك مالىيە چىقىمى ئىچىدە، كەسپىي، مەمۇرىي خىراجەت چىقىمى %84. 56نى؛ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشى، باھا قوشۇمچە ياردىمى ۋە باشقا چىقىملار %43.16نى ئىگىلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر ناھىيىنىڭ چىقىم كۆلىمى 79 مىليون 90 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئوتتۇرىچە سەۋىيىدىن تۆۋەن بولغىنى 62 ناھىيە، شەھەر، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر يۇقىرىغا يوللىغان راسچوتتا ئىنكاس قىلىنىشىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە 75 ناھىيىدە قىزىل رەقەم كۆرۈلۈپ، %78نى ئىگىلىگەن؛ قىزىل رەقەم سوممىسى 1 مىليارد 255 مىليون يۈەنگە يەتكەن؛ تەڭپۇڭلاشقان ۋە ئېشىنغان ناھىيە، شەھەر 21، ئۇلارنىڭ ساپ ئېشىنغىنى 74 مىليون 180 مىڭ يۈەن؛ قىزىل رەقەم سوممىسى 20 مىليون يۈەندىن ئاشقانلار 22، قىزىل رەقەم سوممىسى 10 مىليون يۈەندىن20 مىليون يۈەنگىچە بولغانلار 26، ئۇنىڭدىن باشقا 27 ناھىيە، شەھەرنىڭ قىزىل رەقىمى 10 مىليون يۈەندىن تۆۋەن. 8 ناھىيە، شەھەرنىڭ مالىيە قىزىل رەقىمى ئۇلارنىڭ چىقىمىنىڭ %50 تىن ئارتۇقىنى ئىگىلىگەن، مەبلەغنى تەڭشەشتە ئامالسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان.

ۋاڭ جيەنچياڭ

## يېزا، بازارلارنىڭ مالىيە كىرىم ـ چىقىم ئەھۋالى

1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندىكى يېزا ـ بازار مالىيىسىنىڭ 3 تۈرلۈك مەبلەغ ئومۇمىي كىرىمى 567 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن %7. 9 ئاشتى. بۇ ئاپتونوم رايون بويىچە يەرلىك مالىيە كىرىمىنىڭ ئېشىش دەرىجىسىدىن 1.3 پوئېنت تۆۋەن بولدى؛ 3 تۈرلۈك مەبلەغنىڭ ئومۇمىي چىقىمى 1 مىليارد 522 مىليون 520 مىڭ يۈەن بولۇپ، %72. 10 ئاشتى، بۇ ئاپتونوم رايون بويىچە يەرلىك مالىيە چىقىمىدىن 4. 03 پوئېنت تۆۋەن بولدى.

خام چوت ئىچىدىكى كىرىم ـ چىقىم ئەھۋالى 1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ـ بازار مالىيىسىنىڭ خام چوت ئىچىدىكى كىرىمى 341 مىليون 860 مىڭ يۈەن ئورۇندىلىپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن %24. 9 تۆۋەنلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە بىر نەچچە مۇھىم باج تۈرلىرىنىڭ ئېشىش نىسبىتى: قىممەت ئېشىش بېجىنىڭ %11.63 ـ، تىجارەت بېجىنىڭ %16.4 ـ، كارخانا تاپاۋەت بېجى %21. 38، شەخسىي تاپاۋەت بېجى %38. 16 ـ، دېھقانچىلىق بېجى %7. 6 ـ، دېھقانچىلىق ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى بېجى %6. 6، چارۋىچىلىق بېجى %08. 8 بولدى. 1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا، بازار مالىيىسىنىڭ خام چوت ئىچىدىكى چىقىمى 1 مىليارد 359 مىليون 660 مىڭ يۈەن ئورۇندىلىپ، %3. 10 ئاشتى. ئاساسلىق تۈرلەرنىڭ چىقىمىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى مۇنداق بولدى: يېزىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا ياردەم بېرىش چىقىمى 16 مىليون 930 مىڭ يۈەن ئورۇندىلىپ، %32. 38 تۆۋەنلىدى؛ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق ھاۋارايى قاتارلىق تارماقلارنىڭ كەسپىي خىراجىتى 113 مىليون 460 مىڭ يۈەن ئورۇندىلىپ، %47. 19 ئاشتى؛ مائارىپ كەسپىي خىراجىتى 625 مىليون 250 مىڭ يۈەن ئورۇندىلىپ، %16. 9 ئاشتى؛ سەھىيە خىراجىتى 95 مىليون 420 مىڭ يۈەن ئورۇندىلىپ، %11. 4 ئاشتى؛ مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىقىش خىراجىتى 184 مىليون 20 مىڭ يۈەن ئورۇندىلىپ، %67. 26 ئاشتى؛ مەمۇرىي باشقۇرۇش خىراجىتى 214 مىليون 90 مىڭ يۈەن ئورۇندىلىپ، %40. 14 ئاشتى.

**1999 ـ يىلى خام چوت ئىچىدىكى كىرىم ـ چىقىمنىڭ تەڭپۇڭلىنىش ئەھۋالى** مۇشۇ يىللىق كىرىم 329 مىليون

190 مىڭ يۈەن، يۇقىرىدىن بەرگەن قوشۇمچە ياردەم كىرىمى 1 مىليارد 89 مىليون 330 مىڭ يۈەن، 1998 ـ يىلدىن قالغان قالدۇق كىرىمى مىنۇس 14 مىليون 900 مىڭ يۈەن، يۆتكەپ كىرىلگەن ياشقا مەبلەغ 1 مىليون 80 مىڭ يۈەن، جەمئىي كىرىم 1 مىليارد 404 مىليون 700 مىڭ يۈەن؛ مۇشۇ يىلنىڭ چىقىمى 1 مىليارد 346 مىليون 570 مىڭ يۈەن، يۇقىرىغا تاپشۇرغان چىقىم 84 مىليون 560 مىڭ يۈەن، جەمئىي چىقىم 1 مىليارد 431 مىليون 130 مىڭ يۈەن، كىرىم بىلەن چىقىمنى بالانس قىلغاندا، يىل ئاخىرىدىكى دومۇلىما ئامانەت قالدۇقى 26 مىليون 430 مىڭ يۈەن بولدى، كېيىنكى يىلغا 210 مىڭ يۈەن چىقىم ئاغدۇرۇلدى، ساپ قالدۇق 26 مىليون 640 مىڭ يۈەن قىزىل رەقەم بولدى.

**خام چوت سىرتىدىكى كىرىم ـ چىقىم ئەھۋالى** 1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ـ بازار مالىيىسىنىڭ خام چوت كىرىمى 163 مىليون 280 مىڭ يۈەن ئورۇندىلىپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن 16.19% ئېشىپ، 3 تۈرلۈك مەبلەغ ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 28.79% نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، مەمۇرىي كەسپىي ئورۇنلارنىڭ كىرىمى 89 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، خام چوت سىرتىدىكى كىرىمنىڭ 55.10% نى ئىگىلىدى؛ يېزا، بازارلار ئۆزى تەييارلىغان، بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان مەبلەغ كىرىمى 71 مىليون 720 مىڭ يۈەن بولۇپ، 43.92% نى ئىگىلىدى؛ يەرلىك مالىيە كىرىمى 1 مىليون 590 مىڭ يۈەن بولۇپ، 0.98% نى ئىگىلىدى. خام چوت سىرتىدىكى چىقىم 162 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 14.42% ئېشىپ، 3 تۈرلۈك مەبلەغ چىقىمىنىڭ 10.7% نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، مەمۇرىي، كەسپىي چىقىم 110 مىليون 940 مىڭ يۈەن بولۇپ، خام چوت سىرتىدىكى چىقىمنىڭ 68.12% نى ئىگىلىدى؛ ئاساسىي قۇرۇلۇش چىقىمى 20 مىليون 910 مىڭ يۈەن بولۇپ، 3 تۈرلۈك مەبلەغ چىقىمىنىڭ 12.84% نى ئىگىلىدى؛ يۆتكەپ كېتىلگەن مەبلەغ 1 مىليون 80 مىڭ يۈەن بولۇپ، 0.66% نى ئىگىلىدى؛ خام چوت سىرتىدىكى كىرىم ـ چىقىم بالانس قىلىنغاندىن كېيىن، يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 7 مىليون 110 مىڭ يۈەن بولدى.

**ئۆزى تەييارلىغان مەبلەغ كىرىمى ئەھۋالى** 1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندىكى يېزا ـ بازار مالىيىسىنىڭ ئۆزى تەييارلىغان مەبلەغ كىرىمى 71 مىليون 720 مىڭ يۈەن ئورۇندىلىپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن 126.17% ئاشتى.

1999 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە 680 يېزا، بازار مالىيە پونكىتى قۇرۇلۇپ، يېزا، بازار ئومۇمىي سانىنىڭ 82.52% نى ئىگىلىدى. ئاپتونوم رايوندىكى يېزا، بازارلار ئىچىدە، يۇقىرىغا تاپشۇرىدىغان يېزا، بازار 17، قوشۇمچە ياردەم بېرىلىدىغان يېزا ـ بازار 807، يېزا، بازار دەرىجىلىك دۆلەت خەزىنىسى قۇرۇلغىنى 10، بۇلار ئاقسۇ، سانجى ئوبلاستى، قۇمۇل ۋىلايىتى ۋە بورتالا ئوبلاستىغا تارقالغان. 1999 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا، بازار مالىيە خادىمى 4332 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، مەمۇرىي شتاتتىكىلەرى 1092، كەسپىي شتاتتىكىلىرى 2661، كادىر ئورنىدا ئىشلەۋاتقان ئىشچى 217، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى مالىيە خادىمى 362.

ۋاڭ خەييۈەن

## يېزا ئىگىلىكىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇش تۈرلىرىگە مەبلەغ سېلىش ئەھۋالى

ئاپتونوم رايون 1999 ـ يىلى تۈرلەرگە جەمئىي 458 مىليون 755 مىڭ 200 يۈەن (بىكتۈەن بۇنىڭ سىرتىدا، تۆۋەندىمۇ ئوخشاش) مەبلەغ سالدى، بۇنىڭ ئىچىدە، مەركەز يېزا ئىگىلىكىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇش مالىيىسىدىن بەرگىنى 152 مىليون 900 مىڭ يۈەن، يەرلىك مالىيە يۈرۈشلەشتۈرۈپ بەرگەن مەبلەغ 66 مىليون يۈەن، كوللېكتىپ ۋە ئامما ئۆزى تەييارلىغان مەبلەغ 155 مىليون 115 مىڭ 900 يۈەن، بانكىدىن ئالغان قەرز 40 مىليون 172 مىڭ يۈەن، سېلىنغان باشقا مەبلەغلەر 44 مىليون 567 مىڭ 300 يۈەن.

يەرلەرنى تۈزەش تۈرىگە بۆ مەزگىلدە 346 مىليون 382 مىڭ 100 يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە، مەركىزىي مالىيىنىڭ مەبلىغى 119 مىليون 160 مىڭ يۈەن، يەرلىك مالىيىنىڭ يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن مەبلىغى 61 مىليون 600 مىڭ يۈەن (ئۆلكە دەرىجىلىكى 20 مىليون 90 مىڭ يۈەن، ۋىلايەت، دەرىجىلىكى 32 مىليون 745 مىڭ يۈەن، ناھىيە دەرىجىلىكى 8 مىليون 765 مىڭ يۈەن)، بانكىدىن ئالغان قەرز 19 مىليون 522 مىڭ يۈەن، ئۆزى تەييارلىغان مەبلەغ 118 مىليون 532 مىڭ 800 يۈەن، باشقا مەبلەغ 27 مىليون 567 مىڭ 300 يۈەن.

كۆپ خىل ئىگىلىك تۈرىگە بۆ مەزگىلدە سېلىنغان مەبلەغ 112 مىليون 373 مىڭ 100 يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە، مەركىزىي مالىيىنىڭ مەبلىغى 33 مىليون 740 مىڭ يۈەن، يەرلىك مالىيىنىڭ يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن مەبلىغى 4 مىليون 400 مىڭ يۈەن (ۋىلايەت دەرىجىلىكى 50 مىڭ يۈەن، ناھىيە دەرىجىلىكى 4 مىليون 350 مىڭ يۈەن)، بانكىدىن ئالغان قەرز 20 مىليون 650 مىڭ يۈەن، ئۆزى تەييارلىغان مەبلەغ 36 مىليون 583 مىڭ 100 يۈەن، باشقا مەبلەغلەر 17 مىليون يۈەن. ئامما چىقارغان ئەمگەك 212 مىڭ 900 ئەمگەك كۈنى، پۇلغا

سۇدغۇرغاندا 2 مىليون 372 مىڭ 200 يۈەن.

شى شياڭچېن

## يەرلىكنىڭ دۆلەت كارخانىلىرى، قاتناش كارخانىلىرىنىڭ ماليە كۆرسەتكۈچلىرىنى ئورۇنداش ئەھۋالى

سانائەت كارخانىلىرى 1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى يەرلىك دۆلەت كارخانىلىرى 526. بۇنىڭ ئىچىدە، پايدا ئالىدىغان كارخانا 309، زىيان تارتىدىغان كارخانا 217. ئىلكىدىكى مەبلەغ جەمئىي 41 مىليارد 430 مىليون يۈەن، جەمئىي قەرزى 30 مىليارد 740 مىليون يۈەن، ئىگىدارلىق قىلغۇچىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتى 10 مىليارد 690 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە، ئەمەلىي كىرىم بولغان مەبلەغ 7 مىليارد 900 مىليون يۈەن.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ يەرلىك دۆلەت سانائەت كارخانىلىرىنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 10 مىليارد 415 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 5.6% ئاشتى؛ ھازىرقى باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 14 مىليارد 447 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 4.93% ئاشتى؛ سانائەتنىڭ كۆپەيمە قىممىتى 4 مىليارد 392 مىليون 610 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 5.46% ئاشتى. يارىتىلغان ئومۇمىي پايدا 479 - مىليون 780 مىڭ يۈەن بولۇپ، زىيان 295 مىليون 80 مىڭ يۈەن ئاشتى. ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب، زىياننىڭ كۆپەيگەنلىكىدىن ئىبارەت، زىياننىڭ ئېشىش دەرىجىسى پايدىنىڭ ئېشىش دەرىجىسىدىن يۇقىرى بولدى. مەھسۇلاتنى سېتىشتىن بولغان كىرىم 13 مىليارد 87 مىليون 110 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2.68% ئاشتى؛ مەھسۇلاتنىڭ سېتىپ چىقىرىلىش تەننەرخى 10 مىليارد 628 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 3.32% ئاشتى. كارخانا ئومۇمىي مەبلىغى 41 مىليارد 430 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 4 مىليارد 460 مىليون يۈەن كۆپەيدى. ئومۇمىي قەرزى 30 مىليارد 740 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 4 مىليارد 370 مىليون يۈەن كۆپەيدى. كارخانىلارنىڭ ئىسكىلاتتىكى مېلىنىڭ ئوبوروت بولۇش نىسبىتى 181.25% بولۇپ، 1.27 پىرسەنت پوئىنت كۆپەيدى؛ يىغىۋېلىشقا تېگىشلىك قەرز پۇلنىڭ ئوبوروت بولۇش نىسبىتى 332.8% بولۇپ، 2.67 پوئىنت كۆپەيدى، مەبلەغنىڭ ئوبوروت بولۇشى ناچارراق بولدى، ئاكتىپ - پاسسىپ نىسبىتى 74.2% بولۇپ، 2.89 پوئىنت كۆپەيدى. دۆلەت سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ماليىگە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك ئومۇمىي سوممىسى 1 مىليارد 231 مىليون 240 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئەمەلىيەتتە خەزىنىلەشكىنى 1 مىليارد 67 مىليون 90 مىڭ يۈەن بولدى. كارخانىلارنىڭ جەمئىيەتكە چىقىم يارىتىپ بېرىشتە قوشقان تۆھپە ئومۇمىي سوممىسى 3 مىليارد 940 مىڭ يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئىش ھەققى ۋە پاراۋانلىق 1 مىليارد 970 مىليون يۈەن، ئەمگەك سۇغۇرتا ھەققى 520 مىليون يۈەن، ئۆسۈم چىقىمى 860 مىليون يۈەن.

قاتناش كارخانىسى 1999 - يىلدىكى قاتناش كارخانىسى 116. بۇنىڭ ئىچىدە، پايدا ئالىدىغان كارخانا 76، زىيان تارتقان كارخانا 40. ئومۇمىي مەبلىغى 3 مىليارد 593 مىليون 690 مىڭ يۈەن، ئومۇمىي قەرزى 2 مىليارد 329 مىليون 10 مىڭ يۈەن، ئىگىدارلىق قىلغۇچىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتى 1 مىليارد 264 مىليون 680 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە، ئەمەلىي كىرىم بولغان كاپىتالى 676 مىليون 850 مىڭ يۈەن.

1999 - يىلى ترانسپورت تىجارىتىدىن قىلىنغان كىرىم 1 مىليارد 197 مىليون 340 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 3.3% تۆۋەنلىدى. ترانسپورت تىجارىتىنىڭ تەننەرخى 945 مىليون 160 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1.4% تۆۋەنلىدى. يارىتىلغان ئومۇمىي پايدا 49 مىليون 830 مىڭ يۈەن بولۇپ، زىيان 5 مىليون 250 مىڭ يۈەن كۆپەيدى. ئاكتىپ - پاسسىپ نىسبىتى 64.8%، مەبلەغنىڭ پايدا نىسبىتى 19.8% ، تەننەرخ خىراجىتىنىڭ پايدا نىسبىتى 3.3% ، يىغىۋېلىشقا تېگىشلىك قەرزنىڭ ئوبوروت بولۇش نىسبىتى 262% بولدى.

ياڭ لىن

## سودا ئوبوروت كارخانىلىرىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرىنى ئورۇنداش ئەھۋالى

دۆلەت سودا كارخانىلىرى ئاپتونوم رايوندىكى دۆلەت سودا كارخانىلىرىنىڭ 1999 - يىلدىكى سېتىپ چىقىرىش كىرىمى 2 مىليارد 97 مىليون 30 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 22.31% تۆۋەنلىدى؛ تاۋار سېتىپ چىقىرىش ئومۇمىي پايدىسى 304 مىليون 900 مىڭ يۈەن بولۇپ، 26% تۆۋەنلىدى، ئومۇمىي پايدا نىسبىتى 14.55% بولۇپ، 0.62 پوئىنت تۆۋەنلىدى؛ تاۋارلارنىڭ ئوبوروت بولۇش خىراجىتى 784 مىليون 730 مىڭ يۈەن بولۇپ، 15.58% تۆۋەنلىدى، خىراجەت سەۋىيىسى 3 پوئىنت تۆۋەنلىدى؛ پايدا ئالىدىغان كارخانىلار 21 مىليون 140 مىڭ يۈەن پايدا ياراتتى، زىيان تارتىدىغان كارخانىلار 377 مىليون 900 مىڭ يۈەن زىيان تارتتى، پايدا بىلەن زىياننى بالانس قىلغاندا، زىيان 356 مىليون 760 مىڭ يۈەن بولۇپ، زىيان 41 مىليون 100 مىڭ يۈەن كېمەيدى.

دۆلەت ماددىي ئەشيا كارخانىلىرى 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت ماددىي ئەشيا كارخانىلىرى سېتىپ چىقىرىشتىن 1 مىليارد 753 مىليون 260 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدى، بۇ 1998 - يىلدىكىدىن %17 تۆۋەنلىدى؛ تاۋار سېتىپ چىقىرىش ئومۇمىي پايدىسى 124 مىليون 10 مىڭ يۈەن بولۇپ، %15.45 تۆۋەنلىدى؛ ئومۇمىي پايدا سەۋىيىسى %7.07 بولۇپ، 0.12 پوئېنت ئۆرلىدى؛ تاۋار ئوبوروت خىراجىتى 172 مىليون 320 مىڭ يۈەن بولۇپ، %20.68 تۆۋەنلىدى، خىراجەت سەۋىيىسى 0.47 پوئېنت تۆۋەنلىدى؛ پايدا ئالىدىغان كارخانىلار 12 مىليون 930 مىڭ يۈەن پايدا ياراتتى، زىيان تارتىدىغان كارخانىلارنىڭ زىيان سوممىسى 43 مىليون 480 مىڭ يۈەن بولۇپ، پايدا بىلەن زىياننى بالانس قىلغاندىن كېيىن، زىيان 30 مىليون 550 مىڭ يۈەن بولۇپ، زىيان 27 مىليون 230 مىڭ يۈەن كېمەيدى.

دۆلەت ئاشلىق كارخانىلىرى 1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى دۆلەت ئاشلىق كارخانىلىرى ياراتقان سېتىپ چىقىرىش كىرىمى 3 مىليارد 991 مىليون 720 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن %5.02 تۆۋەنلىدى؛ تاۋار ئوبوروت ھەققى 1 مىليارد 339 مىليون 500 مىڭ يۈەن بولۇپ، %28.78 تۆۋەنلىدى؛ ئومۇمىي پايدىسى %6.43 بولۇپ، 0.61 پوئېنت يۇقىرى كۆتۈرۈلدى؛ پۈتۈن ساھە بويىچە 273 مىليون 640 مىڭ يۈەن زىيان تارتىپ، زىيان 595 مىليون 680 مىڭ يۈەن كېمەيدى.

دۆلەت تاشقى سودا كارخانىلىرى ئاپتونوم رايوندىكى تاشقى سودا كارخانىلىرى سېتىپ چىقىرىشتىن 1 مىليارد 535 مىليون 780 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدى، بۇ، 1998 - يىلدىكىدىن %2.19 تۆۋەنلىدى؛ ئېكسپورتتىن كىرىم قىلىنغان تاشقى پېرېۋوت 162 مىليون 770 مىڭ دوللار بولۇپ، %39.55 ئاشتى؛ پايدا ئالىدىغان كارخانىلار 32 مىليون 460 مىڭ يۈەن پايدا ئالدى، زىيان تارتىدىغان كارخانىلار 190 مىليون 590 مىڭ يۈەن زىياننى تارتتى، پايدا بىلەن زىياننى بالانس قىلغاندا زىيان 158 مىليون 130مىڭ يۈەن بولۇپ، 6 مىليون 560 مىڭ يۈەن زىيان كۆپەيدى. ھەربىر ئامېرىكا دوللىرىنىڭ ئېكسپورت تەننەرخى 9.32 يۈەن بولۇپ، 0.29 يۈەن كۆپەيدى؛ ئېكسپورت بېجىدىن قايتۇرۇلغىنى 240 مىليون يۈەن بولۇپ، باجنى قايتۇرۇش پىلانى %77.42 ئورۇندالدى.

تەمىنات - سودا كوپېراتىپى كارخانىلىرى 1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى تەمىنات - سودا سىستېمىسى سېتىپ چىقىرىشتىن جەمئىي 16 مىليارد 507 مىليون 980 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدى، بۇ 1998 - يىلدىكىدىن %35 تۆۋەنلىدى؛ ئومۇمىي پايدىسى 19 مىليون 80 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1 مىليارد 509 مىليون 870 مىڭ يۈەن كېمەيدى؛ ئومۇمىي پايدا نىسبىتى %0.11 بولۇپ، 5.91 پوئېنت تۆۋەنلىدى؛ تاۋار ئوبوروت خىراجىتى 2 مىليارد 423 مىليون 930 مىڭ يۈەن بولۇپ، 37 مىليون 370 مىڭ يۈەن كۆپەيدى؛ خىراجەت سەۋىيىسى %1.57 ئۆرلىدى؛ پايدا - زىياننى بالانس قىلغاندا، زىيان 2 مىليارد 399 مىليون 630 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 4 ھەسسىگە يېقىن كۆپەيدى.

جېن يۇڭ

## ئىجتىمائىي گۇرۇھلارنىڭ سېتىۋېلىش كۈچىنى تىزگىنلەش خىزمىتى

ئاپتونوم رايوندىكى ئىجتىمائىي گۇرۇھلارنىڭ سېتىۋېلىش كۈچىنىڭ 1999 - يىلدىكى ئومۇمىي چىقىمى 620 مىليون 133 مىڭ 200 يۈەن بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن %20.65 تۆۋەنلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، مەخسۇس تۈردىكى تىزگىنلىنىدىغان تاۋارلار چىقىمى 433 مىليون 789 مىڭ 100 يۈەن بولۇپ، %30.13 تۆۋەنلىدى (مەخسۇس تىزگىنلىنىدىغان تاۋارلار چىقىمىدا، مەمۇرىي ئورۇنلارنىڭ چىقىمى 133 مىليون 244 مىڭ 200 يۈەن، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ چىقىمى 89 مىليون 387 مىڭ 400 يۈەن، كارخانا ئورۇنلارنىڭ چىقىمى 211 مىليون 157 مىڭ 500 يۈەن)؛ ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرىنىڭ يېقىلغۇ ماي خىراجىتى چىقىمى 140 مىليون 728 مىڭ 100 يۈەن؛ يېمەكلىك، سوغات، مۇكاپات، خاتىرە بويۇملىرى چىقىمى 26 مىليون 905 مىڭ 400 يۈەن؛ مەدەنىي - تەنتەربىيە بويۇملىرى چىقىمى 16 مىليون 710 مىڭ 700 يۈەن.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە غەيرىي ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك، مەخسۇس تىزگىنلىنىدىغان تاۋار ئۈچۈن 662 مىليون 18 مىڭ 600 يۈەن تەستىقلىنىپ، %18.12 تۆۋەنلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، تەستىقلانغان پىكاپ 3468 دانە، سوممىسى 609 مىليون 80 مىڭ 300 يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە، مەمۇرىي ئورۇنلارنىڭ 638، سوممىسى 103 مىليون 22 مىڭ 300 يۈەن، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ 240، سوممىسى 32 مىليون 922 مىڭ يۈەن، كارخانا ئورۇنلارنىڭ 1939، سوممىسى 350 مىليون 343 مىڭ يۈەن، مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلار مەخسۇس ئىشلىتىدىغان ئاپتوموبىل 651، سوممىسى 122 مىليون 793 مىڭ يۈەن). سىممىز چاقىرغۇ ئاپپاراتى ۋە يانفوندىن 3647 نى تەستىقلاندى، سوممىسى 6 مىليون 996 مىڭ 200 يۈەن. بۇنىڭ ئىچىدە، سىممىز يانفون 727 دانە، سوممىسى 2 مىليون 161 مىڭ 700 يۈەن.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تەستىقلانغان ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك مەخسۇس تىزگىنلىنىدىغان تاۋار

332 مىليون 38 مىڭ يۈەن بولۇپ، %55 .22 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئەستىقلانغان پىكاپ 1977 بولۇپ، %21 .40 ئاشتى، سومىسى 196 مىليون 159 مىڭ 200 يۈەن بولۇپ، %76 .45 ئاشتى.

1999 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايوندىكى ھەر خىل مەخسۇس تىزگىنلىنىدىغان ئاپتوموبىل 92 مىڭ 227، بۇنىڭ ئىچىدە، غەيرىي ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك مەخسۇس تىزگىنلىنىدىغان ئاپتوموبىل 46 مىڭ 155 (مەمۇرىي ئورۇنلارنىڭ 14 مىڭ 935، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ 9875، كارخانا ئورۇنلارنىڭ 21 مىڭ 345) بولۇپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن 3230 ئاپتوموبىل ساپ كۆپەيدى.

1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 57 مىليون 812 مىڭ 400 يۈەن مەخسۇس تىزگىنلىنىدىغان تاۋارلار قوشۇمچە ھەققى يىغىلدى. 62 مىليون 491 مىڭ 100 يۈەن چىقىم قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە، مائارىپ چىقىمى 33 مىليون 442 مىڭ 100 يۈەن، پەن تېخنىكا چىقىمى 2 مىليون 100 مىڭ يۈەن، سەھىيە چىقىمى 10 مىليون 170 مىڭ يۈەن، پىلانلىق تۇغۇت چىقىمى 3 مىليون 870 مىڭ يۈەن، مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە چىقىمى، 2 مىليون 730 مىڭ يۈەن، كارخانىلارنىڭ نامراتلارغا ياردەم بېرىش مەبلىغى 5 مىليون 250 مىڭ يۈەن، باشقا چىقىملار 49 مىليون 290 مىڭ يۈەن.

ۋۇ لەنشيالڭ

## پاختا نورمىلىق قوشۇمچە ياردىمى

1998 ـ پاختا يىلىدا شىنجاڭ پاختىسىنىڭ ئىسكىلاتتا ساقلىنىشى ۋە سېتىپ چىقىرىلىشى جەھەتتىكى بېسىمنى پەسەيتىش ئۈچۈن، مەركىزىي كومىتېت شىنجاڭنىڭ پاختىسىنى ئېكسپورت قىلىش، ئېكسپورت ئارقىلىق ئىمپورتنىڭ ئورنىنى ئىگىلەش سىياسىتىنى يولغا قويۇشنى، دۆلەت مالىيە مىنىستىرلىكى نورمىلىق قوشۇمچە ياردەم بېرىشنى قارار قىلدى، يەنى، شىنجاڭ پاختا ـ چىگە شىركىتى، شىنجاڭ دېھقانچىلىق بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىمپورت ـ ئېكسپورت پاي چەكلىك شىركىتى، جۇڭگو توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرى، پاختا ئىمپورت ـ ئېكسپورت شىركىتىدىن ئىبارەت 3 ئېكسپورت سودا ئورنى ئېكسپورت قىلغان «129» دەرىجىلىك شىنجاڭ پاختىسىنىڭ ھەربىر توننىسىغا 3000 يۈەن، ئېكسپورتنى ئىمپورتنىڭ ئورنىغا قويۇپ چىقىرىلغان «129» دەرىجىلىك شىنجاڭ پاختىسىنىڭ ھەر توننىسىغا 2500 يۈەن قوشۇمچە ياردەم بېرىشنى، ئۇنىڭدىن باشقا دەرىجىدىكى پاختىلارغا بېرىلىدىغان قوشۇمچە ياردەم ئۆلچىمىنى %2 لىك دەرىجە پەرقى نىسبىتى بويىچە ھېسابلاپ بەلگىلەشنى قارار قىلدى. ئەگەر خەلقئارادا ھەر بالىڭ پاختىنىڭ باھاسى 65 دوللار ئۆسسە، قوشۇمچە ياردەم پۇلىمۇ مۇۋاپىق كېمەيتىلىدىغان بولدى. 1998 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ ئېكسپورت قىلىنغان 400 مىڭ توننا پاختا ۋە ئېكسپورت ئىمپورتنىڭ ئورنىغا قويۇلغان 350 مىڭ توننا پاختىسىغا قوشۇمچە ياردەم بېرىلدى.

1999 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 3 ئېكسپورت سودا ئورنى 371 مىڭ 3 .274 توننا شىنجاڭ پاختىسىنى ئېكسپورت قىلىپ، ئېكسپورتنى ئىمپورتنىڭ ئورنىغا قويۇپ، مەركىزىي مالىيىنىڭ 974 مىليون 945 مىڭ 900 يۈەن قوشۇمچە ياردەم پۇلىنى ئېلىشقا تېگىشلىك ئىدى، ھازىر 819 مىليون 780 مىڭ يۈەن قوشۇمچە ياردەم پۇلىنى ئېلىپ بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە، شىنجاڭ پاختا ـ چىگە شىركىتى ئېكسپورت قىلغان ۋە ئېكسپورتنى ئىمپورتنىڭ ئورنىغا قويغان پاختا 149 مىڭ 8 .43 توننا، مەركىزىي مالىيىدىن ئېلىشقا تېگىشلىك قوشۇمچە ياردەم پۇلى 384 مىليون 715 مىڭ 900 يۈەن، ئېلىپ بولغىنى 270 مىليون 520 مىڭ يۈەن؛ جۇڭگو توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرى، پاختا ئىمپورت ـ ئېكسپورت شىركىتى ئېكسپورت قىلغان ۋە ئېكسپورتنى ئىمپورتنىڭ ئورنىغا قويغان پاختا 86 مىڭ 2 .168 توننا، مەركىزىي مالىيىدىن ئېلىشقا تېگىشلىك قوشۇمچە ياردەم پۇلى 237 مىليون 580 مىڭ يۈەن، ئېلىپ بولغىنى 237 مىليون 580 مىڭ يۈەن؛ شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىمپورت ـ ئېكسپورت پاي ھەسسىدارلىق شىركىتى ئېكسپورت قىلغان، ئېكسپورتنى ئىمپورتنىڭ ئورنىغا قويغان پاختا 136 مىڭ 3 .62 توننا، مەركىزى مالىيىدىن ئېلىشقا تېگىشلىك قوشۇمچە ياردەم 352 مىليون 650 مىڭ يۈەن، ئېلىپ بولغىنى 311 مىليون 680 مىڭ يۈەن.

دۇ چيالڭ

# يەرلىك باج

## باجنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر يەرلىك باج سىستېمىسى 1999 ـ يىلى تەشكىللىگەن تۈرلۈك كىرىم 4 مىليارد 622 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1998 ـ يىلدىكى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %86 .8 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، باج كىرىمى 4 مىليارد 381 مىليون 100 مىڭ يۈەن بولۇپ، %45 .8 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، شەخسىي تاپاۋەت بېجى كىرىمى 598 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %99 .22 ئاشتى؛ چەت ئەللەرگە چېتىلىدىغان باج كىرىمى 58 مىليون 280 مىڭ يۈەن بولۇپ، %05 .27 ئاشتى. مائارىپ خىراجىتى قوشۇمچىسى، خەلق مائارىپ فوندى قاتارلىق باشقا كىرىملەر 241 مىليون 610

### ئاپتونوم رايوندىكى يەرلىك باج سىستېمىسىنىڭ 1999 - يىلى رايونلار بويىچە باج كىرىمىنى ئورۇنداش ئەھۋالى

بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| رايونلار | جەمئىي كىرىم | بولتۇرقىدىن %± |
|---|---|---|
| جەمئىي | 438110 | 8.45 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 159805 | 5 |
| قاراماي شەھىرى | 43259 | 16.8 |
| شىخەنزە | 10835 | 8.9 |
| سانجى ئوبلاستى | 26891 | 14.3 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 10781 | 13.7 |
| ئىلى ئوبلاستى | 45365 | 11.3 |
| كۈيتۇڭ شەھىرى | 7492 | 9.7 |
| ئىلى ۋىلايىتى | 19125 | 11.9 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 12919 | 13 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | 5829 | 7.7 |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | 44622 | 15.2 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 16860 | 11 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | 1579 | 14.1 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 17345 | 9.9 |
| خوتەن ۋىلايىتى | 5870 | 5.2 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 18287 | -10.9 |
| بورتالا ئوبلاستى | 6223 | 9.4 |
| بىۋاسىتە قاراشلىق باج يىغىش ئىدارىسى | 29788 | 5.6 |
| مۇپەتتىش ئىدارىسى | 600 | |

مىلىڭ يۈەن بولدى.

جۇ زىشياڭ

## باج يىغىش تەدبىرلىرى

**دۆلەت كارخانىلىرى ۋە غەيرىي كارخانا ئورۇنلىرىنىڭ تاپاۋەت بېجىنى يىغىش ۋە باشقۇرۇش** ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك يەرلىك باج تارماقلىرى 1999 - يىلى دۆلەت كارخانىلىرىدىن تاپاۋەت بېجى ئېلىشنى باشقۇرۇش، باج مەنبەسىنى تىزگىنلەپ باشقۇرۇش ۋە پىلاندىكى ۋەزىپىنى تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىش ئاساسىدا، غەيرىي كارخانا ئورۇنلىرىنىڭ بېجىنى باشقۇرۇشنى نۇقتىلىق تۇتۇپ، 6000 دىن ئارتۇق باج تاپشۇرغۇچى ئورۇننى ئېنىقلاپ، تاپاۋەت بېجى ۋە باشقا يەرلىك باجلاردىن 68 مىليون يۈەندىن كۆپرەك تەكشۈرۈلۈپ، تولۇقلاپ ئېلىندى.

**شەخسىي تاپاۋەت بېجىنى يىغىش - باشقۇرۇش** ھەر دەرىجىلىك يەرلىك باج تارماقلىرى شەخسىي تاپاۋەت بېجىنى يىغىش - باشقۇرۇش ئارخىپى قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنى باشقۇرۇشنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ئىش ھەققى، مائاشتىن ئىبارەت باج مەنبەسىنى نازارەت قىلىپ، تىزگىنلەش ۋە باج ئېلىپ، باشقۇرۇش سالمىقىنى زورايتىپ، دەسلەپكى قەدەمدە ۋاكالىتەن تۇتۇپ قالىدىغان، ۋاكالىتەن باشقۇرىدىغان ئورۇنلارنىڭ

مۈلكى تۆلۈپ قىلىنىدى ۋە پېچەتلەندى، بانكىدىكى 14 مىليون 10 مىڭ يۈەن پۇلنى چىقىم قىلىش ۋاقىتلىق توختىتىلدى، 12 مىليون 720 مىڭ يۈەن باج پۇلى تۆلىتىلىندى، مۈلكى كەم ئارتۇق قىلىپ سېتىلىپ، 550 مىڭ يۈەن باج ئىزلاندى.

قەرز قالغان باج ئېنىقلاندى ھەر دەرىجىلىك يەرلىك باج ئارماقلىرى كونا قەرزلەرنى ئېنىقلاپ، تۈگىتىپ، يېڭى قەرزنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەلىپى بويىچە، باجنى باشقۇرۇش ھوقۇق چېكىنى ئىجرا چىڭىتىپ، باجنى كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش توغرىسىدىكى بارلىق تەستىقلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، باجنى تولۇق يىغىش تەدبىرى، جەرىمانە قويۇش ۋە تۇرۇپ قىلىش ھەققىنى قوشۇپ ئېلىش سالمىقى زورايتىلدى، ئېلىشتا تېگىشلىك باج پۇلىنىڭ ئۆز قەرەلىدە، تولۇق خەزىنىلىشىشگە كاپالەتلىك قىلىندى.

ئۆي - زېمىن بېجىنى يىغىش - باشقۇرۇش مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئۆيلەرنى ئىجارىگە بېرىشى ئېنىقلىنىپ، تەكشۈرۈلۈپ، باجنىڭ كۆپلەپ يوقاپ كېتىشىنىڭ ئالدى ئېلىندى.

جۇ زىشاڭ

## باجنى باشقۇرۇش

باج باشقۇرۇش ئىسلاھاتى (1) ش ئۇ ئا ر يەرلىك باج ئىدارىسى باج بىلەن بانكا ھەمكارلىشىش، بانكىدا باج يىغىش كۆزنىكى ۋە باج پۇلىنى ئالدىن ئامانەت قويۇش ھېسابى تەسىس قىلىش، باج پۇلىنى يىغىش، تاپشۇرۇش، خەزىنىگە ئۆتكۈزۈش خىزمەت تەرتىپىنى ياخشىلاش، مۇلازىمەت سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردىن باج بىلەن بانكىنى بىرگەۋدىلەشتۈرۈش خىزمىتىگە بولغان يېتەكچىلىك قىلىش سالمىقىنى كۈچەيتىپ، باج بىلەن بانكىنى بىرگەۋدىلەشتۈرۈشنىڭ قېلىپلىق راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى، باجنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئېلىشنىڭ ئىلتىماس قىلىش نىسبىتى ۋە توغرىلىق نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈردى. (2) بىۋاستە تەكشۈرۈش، كىرىشتۈرۈپ تەكشۈرۈش ۋە ئارىلاپ تەكشۈرۈش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىپ، «10 نىسبەت»نى چوڭ تەكشۈرۈش ئەتراپلىق، چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇپ، تىزىملاش نىسبىتى، مەلۇم قىلىش نىسبىتى، خەزىنىلىشىش نىسبىتى نۇقتىلىق ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى، باجنى يىغىش، باشقۇرۇش سۈپىتىنى ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈرۈلدى، نۇقۇل ھالدا كىرىم كۆرسەتكۈچىنى ئورۇنداش



ش ئۇ ئا ر يەرلىك باج سىستېمىسىنىڭ 1999 - يىللىق ئىدارە باشلىقلىرى خىزمەت يىغىنى ئېچىلىپ، باج يىغىش خىزمىتىنىڭ تۈرلۈك ۋەزىپىلىرى ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

خې لىپ فوتوسى

ئەھۋالىنى نازارەت قىلىپ، باشقۇرۇشنى شەكىللەندۈردى، ئاپتونوم رايوندىكى پۈتۈن سىستېمىسىنىڭ شەخسىي ئاپاۋەت بېجىنى ئالدىن تۆلۈپ قىلىش ئۆلچىمى بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، باج ئېلىش دائىرىسى ۋە تۆلۈپ قىلىش دائىرىسى ئۆزلۈكسىز قېلىپلاشتۇرۇلدى. ئالاھىدە كەسپلەر، يۇقىرى كىرىملىك گۇرۇھلاردىن ئىبارەت باج مەنبەلىرىنى نازارەت قىلىپ، ئىزگىنلەش، باج يىغىش نۇقتىلىق كۈچەيتىلدى. ئالاھىدە ئىستېمال ساھەسىدىكى مۇلازىمەتچى خادىملارنىڭ شەخسىي ئاپاۋەت بېجى يولغا قويۇلۇپ، باجنىڭ كۆپلەپ چۈشۈپ قېلىشىنىڭ ئالدى ئېلىندى.

باج مۇپەتتىشلىكى ۋە باجنى تەكشۈرۈش ھەر دەرىجىلىك يەرلىك باج مۇپەتتىشلىك ئارماقلىرى كۈندىلىك مۇپەتتىشلىك، مەخسۇس تۈر بويىچە مۇپەتتىشلىك ۋە مەخسۇس دېلونى مۇپەتتىشلىك قىلىشنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، چوڭ دېلو، مۇھىم دېلو ۋە نۇقتىلىق ساھەلەرنى، نۇقتىلىق باج مەنبەلىرىنى مۇپەتتىش قىلىشنى چىڭ تۇتتى. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يەرلىك باج سىستېمىسى جەمئىي 173 مىڭ 970 باج تاپشۇرغۇچىنى تەكشۈرۈپ، مەسىلىسى بار 69 مىڭ 834 ئورۇننى تېپىپ چىقىپ، 626 مىليون 550 مىڭ يۈەن كەم قالغان، تۇرۇپ قالغان باجنى، جەرىمانە پۇلىنى تەكشۈرۈپ تولۇقلاتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، باج پۇلىنى ئۇزاققىچە سۆرەپ كەلگەن، قايتا - قايتا سۈيلىسىمۇ تاپشۇرمىغان ياكى باج يوشۇرغان، باج تۆلەشتىن قاچقان، خاراكتېرى قەبىھ بولغان 1983 ئورۇنغا باج زورلۇق بىلەن تولۇق تاپشۇرغۇزۇلۇپ، 13 مىليون 850 مىڭ يۈەنلىك كارخانا

ئەھۋالىغا قاراپ، خىزمەت سۈپىتىگە باھا بېرىدىغان ئەندىزىۋى كۆز قاراش بۇزۇپ تاشلىنىپ، باج يىغىش، باشقۇرۇش سۈپىتى بىلەن كىرىم كۆرسەتكۈچىنى بىرلىكتە تەكشۈرىدىغان باج خىزمىتى ۋەزىيىتى شەكىللەندى. (3) ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، كومپيۇتېرنىڭ باج يىغىش، باشقۇرۇش يۇمشاق دېتالىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پائال ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، كومپيۇتېردا 2000 - يىلغا كىرىش مەسىلىسى ئاساسىي جەھەتتىن تەرتىپكە چۈشتى، سىستېما يۇمشاق دېتالى سەپلەپ تارقىتىلىپ، قوللىنىلدى، قاتتىق دېتال ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىندى.

**باج تەشۋىقاتى** ھەر دەرىجىلىك يەرلىك باج ئارماقلىرى «باجنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇپ، خەلقنى بېيىتىش» دىن ئىبارەت تەشۋىقات تېمىسىنى چۆرىدەپ، نۇقتا تەسىس قىلىپ، تەشۋىق قىلىش - مەسلىھەت بېرىش، باج قانۇنى ساۋاتلىرى لېكسىيىسى ئۆتكۈزۈش، يەككە يېمەك - ئىچمەك ھۆججىتى لاتارىيىسى تارقىتىش، باج - پوچتا مەبلىغى ئاتكىرىتكىسى بېسىپ تارقىتىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، باج قانۇنى ساۋاتلىرىنى ئەتراپلىق، چوڭقۇر تەشۋىق قىلدى، باج تاپشۇرۇش ئېڭى تەربىيىسىنى كۈچەيتتى.

**قانۇننىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش** دۆلەت باش باج ئىدارىسىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ش ئۇ ئا ر يەرلىك باج ئىدارىسى 1999 - يىلى پائال كۈچ تەشكىللەپ، خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، باج قانۇننىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈشنى چوڭقۇر قانات يايدۇردى. ھەر دەرىجىلىك يەرلىك باج ئارماقلىرى ئۆز - ئۆزىنى 100% تەكشۈرۈش ئاساسىدا نۇقتىلىق تەكشۈرۈش، ئارىلاپ تەكشۈرۈش 66.7%كە يەتتى. يەرلىك ھۆكۈمەتلەر چىقارغان، باج قانۇن - بەلگىلىمە، سىياسەتلىرىگە خىلاپ كېلىدىغان، باجغا ئالاقىدار 7 ھۆججەت توختىتىلدى ۋە تۈزىتىلدى. يەرلىك باج ئارماقلىرى باج ئىشلىرىدا نامۇۋاپىق چارە كۆرگىنى 17، باج ئىشلىرىدا بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا چىقارغان، قېلىپلاشقان قارار 63، تەكشۈرۈپ تېپىلغان، مەسىلىسى بار باج تاپشۇرغۇچى 266، تولۇقلاپ يىغىلغان باج پۇلى، قوشۇپ ئېلىنغان باجنى كېچىكتۈرۈش پۇلى 362 مىڭ 400 يۈەن.

جۇ زىشياڭ

# دۆلەت بېجى

## باج كىرىمى ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر دۆلەت بېجى سىستېمىسى 1999 - يىلى تۈرلۈك باج كىرىمىدىن 7 مىليارد 651 مىليون 70 مىڭ يۈەن تەشكىللەپ، 1998 - يىلىدىكىدىن 6.5% ئاشۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە، دۆلەت ئىچىدىكى باج كىرىمى 7 مىليارد 162 مىليون 530 مىڭ يۈەن بولۇپ، 5.9% ئاشتى. كۆپەيمە قىممەت بېجى، ئىستېمال بېجى كىرىمى 6 مىليارد 684 مىليون 20 مىڭ يۈەن بولۇپ، 3.8% ئاشتى. باج تۈرلىرى بويىچە كىرىم ئەھۋالى مۇنداق بولدى، دۆلەت ئىچىدىكى كۆپەيمە قىممەت بېجى كىرىمى 5 مىليارد 619 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 3.9% ئاشتى؛ دۆلەت ئىچىدىكى ئىستېمال بېجى كىرىمى 1 مىليارد 64 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 3.4% ئاشتى؛ مەركەزنىڭ تىجارەت بېجى كىرىمى 218 مىليون 200 مىڭ يۈەن بولۇپ، 13.5% تۆۋەنلىدى؛ چەت ئەللەرگە چېتىشلىق كارخانىلارنىڭ تاپاۋەت بېجى كىرىمى 35 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 11.6% ئاشتى؛ غەيرىي پۇل مۇئامىلە كارخانىلىرىنىڭ تاپاۋەت بېجى كىرىمى 7 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە يەتتى، دۆلەت ئىلكىدىكى، پاي ھەسسىدارلىق، بىرلەشمە تىجارەت كارخانىلىرىنىڭ تاپاۋەت بېجى كىرىمى 194 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 235.5% ئاشتى؛ ۋاكالىتەن يىغىلغان يەرلىك باج كىرىمى 22 مىليون 660 مىڭ يۈەن، تاموژنا ۋاكالىتەن يىغىپ بەرگەن باج كىرىمى 719 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 36.2% ئاشتى؛ ئېكسپورتتىن قايتۇرۇلغان 237 مىليون 130 مىڭ يۈەن باج بېجىرىلىپ، 40.4% ئاشتى.

گۇەن يىڭ، مالىي

## باج يىغىشنى باشقۇرۇش

1. باج مەنبەلىرىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە باج تىزىملاش گۇۋاھنامىسىنى ئالماشتۇرۇش خىزمىتى ئورۇندالدى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايوندىكى دۆلەت بېجى تارماقلىرى 203 مىڭ 303 ئورۇن (بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت كارخانىسى 13 مىڭ 305، كوللېكتىپ كارخانا 11 مىڭ 624، پاي ھەسسىدارلىق، ھەمكارلىق كارخانىسى 446، بىرلىشىپ تىجارەت قىلىدىغان كارخانا 213، چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 3558، پاي چەكلىك شىركىتى 1257، خۇسۇسىي كارخانا 11 مىڭ 829، باشقا ئىچكى مەبلەغ كارخانىسى 266، شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانا 214، چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانا 387، يەككە سودا - سانائەتچى 160 مىڭ 87، باشقىلار 117) غا يېڭى باج تىزىملاش كىنىشكىسى تارقىتىپ بېرىلدى. گۇۋاھنامە ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق، جەمئىي گۇۋاھنامىسىز، باشقۇرۇشسىز قالغان 2459 ئورۇن، 3 مىليون 211 مىڭ 890 يۈەن باج پۇلى ئېنىقلاندى، 16 مىڭ 960 يۈەن باجنى كېچىكتۈرۈش ھەققى قوشۇپ ئېلىندى، باج ئوغرىلىغانلارغا 1 مىليون 1700 يۈەن

جەرىمانە قويۇلدى. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى دۆلەت بېجى ئارماقلىرى يەككە سودا - ساناائەتچىلەرنىڭ نورمىسىنى تەڭشەش خىزمىتىنى ئوڭۇشلۇق ئورۇندىدى. تەڭشەش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايون بويىچە 56 مىڭ 731 يەككە سودا - ساناائەتچىنىڭ باج مەسئۇلىيىتىدە ئۆزگىرىش بولدى (بۇنىڭ ئىچىدە، نورمىسى ئۆستۈرۈلگىنى 23 مىڭ 243، تەڭشەش نىسبىتى 40% بولدى، نورمىسى تۆۋەنلىتىلگىنى 2353، تۆۋەنلىتىش نىسبىتى 4.1% بولدى، ئەسلىدىكى باج سېلىقى ساقلاپ قېلىنغىنى 31 مىڭ 135، تەڭشەپ كۆپەيتىلگەن باج پۇلى 2 مىليون 33 مىڭ 200 يۈەن بولدى).

2. باج يىغىشنى باشقۇرۇش ئاساس قۇرۇلۇشى. 1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر دۆلەت بېجى ئىدارىسى سىستېما بويىچە باجنى بېجىرىش مۇلازىمەت زالىنى قېلىپلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ئىلتىماس سۇنغان 66 باج بېجىرىش مۇلازىمەت زالىنى نىشانغا يېتىش بويىچە سىناپ، تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋالدى. ئومۇملاشتۇرۇپ سىناق قىلىپ، باھالاش ئارقىلىق، 62 باج مۇلازىمەت زالى قېلىپلاشقان مۇلازىمەت ئۆلچىمىگە يەتتى.

3. باج ھۆججىتى خىزمىتى تېخىمۇ كۈچەيتىلدى. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون خاراكتېرلىك ھۆججەت ئېنىقلاش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت بېجى سىستېمىسى قولىدا ھۆججەت بار 46 مىڭ 785 ئورۇننىڭ ھۆججىتىنى تەكشۈردى (بۇنىڭ ئىچىدە، ئادەتتىكى ھۆججەت بار ئورۇن 34 مىڭ 707، قوشۇلما قىممەت بېجى مەخسۇس ھۆججىتى بار ئورۇن 12 مىڭ 78). ھۆججىتى ئېنىقلانغان ئورۇن ئاپتونوم رايوندىكى ھۆججىتى بار ئورۇنلارنىڭ 61%نى ئىگىلەيدۇ، مەسىلە بايقالغىنى 4904 ئورۇن، بۇ، تەكشۈرۈلگەن ئومۇمىي سانىنىڭ 10.5%نى ئىگىلەيدۇ، 117 مىڭ 398 پارچە قائىدىگە خىلاپ ھۆججەت، 49 پارچە ساختا ھۆججەت، ۋاقتى ئۆتۈپ كەتسىمۇ تاپشۇرۇپ ئالغان 2705 پارچە ھۆججەت تەكشۈرۈپ تېپىلدى، تەكشۈرۈپ، تولۇقلانغان باج پۇلى ۋە جەرىمانە پۇلى 18 مىليون 790 مىڭ يۈەن. ھۆججەت ئېنىقلاش ئارقىلىق، ھۆججەت ئىشلىتىشتە ساقلانغان بېشىدا كۆپ بولۇپ، ئاخىرىدا ئازلاپ كېتىش، ھۆججەتلەرنى قائىدىلىك تولدۇرماسلىق، ئاق ھۆججەتنى ھېسابقا كىرگۈزۈش، ھۆججەتنى چىڭ ساقلىماسلىق، ئىشلىتىش دائىرىسىنىڭ چېكى ئېنىق بولماسلىق، بىخەتەرلىك - ئالدىنى ئېلىش ئېڭى سۇس بولۇش ۋە ئىچكى باشقۇرۇشتا ساقلانغان ھۆججەت باشقۇرۇش مەسىلىلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ، تۈزىتىش ۋە كۈچەيتىش تەدبىرلىرى ۋاقتىدا ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

گۇەن پىڭ، مالىيې

## باج مۇپەتتىشلىكى

1999 - يىلى مەملىكەت بويىچە دۆلەت بېجى سىستېمىسىدا باجنى تەكشۈرۈش، دېلولارنى ھەمكارلىشىپ تەكشۈرۈش ۋە تەكشۈرۈپ، بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتى كەڭ قانات يايدۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ماي قاچىلاش پونكىتلىرىنىڭ بېجىنى مەخسۇس تەكشۈرۈش ئارقىلىق، تەكشۈرۈلگەن 896 ماي قاچىلاش پونكىتى ئىچىدە، 810 پونكىتتىن مەسىلە تېپىلىپ، 7 مىليون 58 مىڭ 600 يۈەن باج پۇلى تەكشۈرۈپ، تولۇقلاندى، 1 مىليون 79 مىڭ 900 يۈەن باجنى كېچىكتۈرۈش ھەققى قوشۇپ ئېلىندى، 1 مىليون 532 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇلدى. بىر قىسىم پۇل مۇئامىلە كەسپىي كارخانىلىرىنىڭ تاپاۋەت بېجى مەخسۇس تەكشۈرۈلۈپ، جەمئىي 3 مىليون 640 مىڭ يۈەن باج پۇلى تەكشۈرۈپ تولۇقلاندى. باش ئىدارە تاپشۇرغان ۋە باشقا ئۆلكىلىك ئىدارىلەر ئۆتكۈزۈپ بەرگەن دېلولارنى ھەمكارلىشىپ تەكشۈرۈش خىزمىتى پائال ئورۇندالدى. سىچۈەن نېيجياڭ، شاڭخەي چىڭپۇ، سۇڭجياڭ، بېيجىڭ گۇتىڭلارنىڭ دېلولىرى توغرا، ۋاقتىدا ھەمكارلىشىپ تەكشۈرۈلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت بېجى سىستېمىسى بۇ بىر يىلدا مەلۇم تەسىرى بار بولغان 275 تىپىك، باج قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغان جىنايى ئىشلار دېلوسى تەكشۈرۈپ، بىر تەرەپ قىلىندى. بۇ بىر يىلدا ھەر دەرىجىلىك دۆلەت بېجى ئورگانلىرى تولۇقلىغان باج پۇلى 555 مىليون 180 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە، باج پۇلى 501 مىليون 780 مىڭ يۈەن، باجنى كېچىكتۈرۈش ھەققى 28 مىليون 530 مىڭ يۈەن، جەرىمانە پۇلى 24 مىليون 840 مىڭ يۈەن.

گۇەن پىڭ، مالىيې

# پۇل مۇئامىلە، سۇغۇرتا، ئاكسىيە

## خەلق بانكىسى

### پۇل مۇئامىلە خىزمىتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان

شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە سىستېمىسى 1999 - يىلى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەننىڭ ئىقتىساد، پۇل مۇئامىلىگە ئائىت فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ۋە مەملىكەتلىك پۇل مۇئامىلە خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، پۇل مۇئامىلە تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، پۇل مۇئامىلىنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، پۇل مۇئامىلە خېيىم-خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ۋە ئۇنى پەسەيتىپ، پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتىنى ياخشىلاپ، ئاپتونوم رايون خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئۇدا، ساغلام تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى.

1. دۆلەتنىڭ پۇل سىياسىتى توغرا ئىجرا قىلىنىپ، مەركىزىي بانكىنىڭ كۆزنەكلىك، يېتەكچىلىك رولى جارى قىلدۇرۇلدى. دۆلەتنىڭ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ۋە شىنجاڭغا قارىتىلغان تۈرلۈك مايىللىق سىياسەتلىرىنىڭ تەدرىجىي ئەمەلىيلىشىشىگە ئەگىشىپ، ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ كرېدىت مەبلىغىگە بولغان ئېھتىياجى كۈندىن - كۈنگە ئاشتى. خەلق بانكىسى پۇل سىياسىتىنى ئىجرا قىلىشنىڭ كۈچ نۇقتىسىنى كرېدىت قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاش، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى تەڭشەشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە قارىتىپ، مەركىزىي بانكىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا مەدەت بېرىش بىلەن پۇل مۇئامىلە خېيىم-خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، كرېدىتنىڭ سېلىنما يۆنىلىشىنى ياخشىلاپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئاساس كەسىپلىرى، ئاساس مۇئەسسەسەلىرى ۋە ئەۋزەل كارخانىلار بىلەن ئەۋزەل مەھسۇلاتلىرىغا سېلىنىدىغان كرېدىت سېلىنمىسىنى كۆپەيتىشكە يېتەكلىدى. 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئاپتونوم رايون بويىچە پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 154 مىليارد 870 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلىنىڭ بېشىدىكىدىن 20 مىليارد 230 مىليون يۈەن كۆپەيدى؛ پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ ھەرخىل قەرز پۇل قالدۇقى 138 مىليارد 680 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 6 مىليارد 830 مىليون يۈەن كۆپەيدى.

2. پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتى ياخشىلىنىپ، ئۈنۈملۈك كرېدىت سېلىنمىسى كۆپەيتىلىپ، ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىنىڭ ماس ھالدا راۋاجلىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. 1) نېفىتلىك، تېلېگراف، يېزا ئېلېكتر تورى، شەھەر ئاساس مۇئەسسەسەلىرى، ئاشلىق ئامبارلىرىنىڭ سىغىمى، ئەرزان، ئەپلىك تۇرالغۇ ئۆي قاتارلىق قۇرۇلۇۋاتقان تۇراقلىق مۈلۈك تۈرلىرىنىڭ قەرز پۇل ئېھتىياجىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى. 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئاپتونوم رايوندىكى دۆلەت بانكىلىرى تۇراقلىق مۈلۈككە بەرگەن قەرز پۇل يىل بېشىدىكىدىن 3 مىليارد 330 مىليون يۈەن كۆپەيدى؛ بۇنىڭ ئىچىدە، ئاساسىي قۇرۇلۇش قەرز پۇلى 1 مىليارد 350 مىليون يۈەن كۆپەيدى؛ تېخنىكا ئۆزگەرتىش قەرز پۇلى 690 مىليون يۈەن كۆپەيدى. 2) ئېكسپورت قەرز پۇل، بانكا پېرېۋوت چېكى يولغا قويۇلۇپ، بانكا گۇرۇھى قەرز پۇلى سىناق تەرىقىسىدە بېجىرىلىپ، سانائەت، تاشقى سودا ئېكسپورتى، چەت ئەللىك سودىگەرلەر مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارىتىنىڭ كرېدىت مەبلىغىگە بولغان ئېھتىياجىغا ئومۇميۈزلۈك مەدەت بېرىلىپ، سانائەت ئىگىلىكى ۋە ئېكسپورت سودىسىنىڭ تەرەققىياتى پائال ئىلگىرى سۈرۈلدى. 3) دۆلەتنىڭ كرېدىت ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش سىياسىتى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىگىلىكىگە ئالاقىدار كەسىپلەرگە سېلىنىدىغان كرېدىت سېلىنمىسى ھەقىقىي كۆپەيتىلدى. 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئاپتونوم رايوندىكى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى يېزا ئىگىلىكىگە بەرگەن قەرز پۇل 9 مىليارد 150 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 830 مىليون يۈەن كۆپىيىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىكىدە مول ھوسۇل ئېلىش پىلانىنىڭ ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلۇشى ۋە يەرلىك بايلىق ئەۋزەللىكىنى ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇش ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈرۈلدى. 4) ئوتتۇرا،

كىچىك كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىغا ئاكتىپ مەدەت بېرىلىپ، تۇرالغۇ ئۆي كرېدىت مۇلازىمىتى سىستېمىسى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىپ، تۇرالغۇ ئۆي، ئاپتوموبىل، ئوقۇشقا ياردەم بېرىش قاتارلىق شەخسىي ئىستېمال كرېدىت كەسپىي تەرەققىي قىلدۇرۇلدى.

3. پۇل مۇئامىلە تۈزۈلمە ئىسلاھاتى چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى. جۇڭگو خەلق بانكىسى ش ئۇ ئا ر شۆبىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، جۇڭگو خەلق بانكىسى شىئەن شۆبىسىنىڭ ئۈرۈمچى پۇل مۇئامىلىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش باشقارمىسى ۋە جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى مەركىزىي تارماق بانكىسى تەشكىل قىلىندى.

خەلق بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى مەركىزىي تارماق بانكىسى 1999 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى يېڭى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى بويىچە ئىشقا چۈشۈپ، سابىق ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە خەلق بانكىسىنىڭ دۆلەت خەزىنىسىنى باشقۇرۇش، چىقىمنى ئېنىقلاش، نەق پۇل تارقىتىش، پۇل مۇئامىلە ستاتىستىكىسى، ئامانلىق قوغداش قاتارلىق پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتى فۇنكسىيىسى ۋە تاشقى پېرېۋوت، تاشقى قەرزنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالدى. ئۆزىگە تەۋە جايلارنى باشقۇرۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن، ئۆزىگە تەۋە رايونلاردىكى بانكا ئاپپاراتلىرى ۋە غەيرىي بانكا پۇل مۇئامىلە ئاپپارات (سۇغۇرتا، ئاكسىيە بۇنىڭ سىرتىدا) لىرىنى قانۇن بويىچە نازارەت قىلىپ، باشقۇردى، بولۇپمۇ، تەۋەلىكىدىكى چوڭ - كىچىك پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى نۇقتىلىق نازارەت قىلىپ، چىقىم قىلىشتىكى خېيىمخەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ۋە ئۇنى پەسەيتىپ، بىر تەرەپنىڭ پۇل مۇئامىلە ئامانلىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

لو شىڭخەي

## پۇل مۇئامىلىنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش

ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق بانكىلىرى 1999 - يىلى پۇل مۇئامىلىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۆزىگە تەۋە رايوندىكى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى قانۇن بويىچە ئادا قىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ پۇل مۇئامىلە تەرتىپىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

1. نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۇل مۇئامىلە خېيىمخەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە پەسەيتىشنىڭ ئاساس خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى. پۇل مۇئامىلە خېيىمخەتىرى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ پۇل مۇئامىلە پائالىيىتىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى، بولۇپمۇ تىجارەت خېيىمخەتىرى ئەھۋالىنى توغرا ئىگىلەپ، نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈشنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ۋە نىشانىنى ئايدىڭلاشتۇردى، سىستېمىلىق نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش لايىھىسىنى تۈزۈپ، مۇكەممەل نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش تەشكىلىي سىستېمىسىنى بەرپا قىلدى، تۈرلۈك نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش خىزمەت تۈزۈمىنىڭ خىزمەت تەرتىپىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، پۇل مۇئامىلە خېيىمخەتىرىنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى ۋە ئۇنىڭدىن ساقلاندى.

2. تەرتىپلەشتۈرۈش، تۈزۈملەشتۈرۈشنى غەيرىي نەق مەيداندا نازارەت قىلىش، باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، خېيىمخەتەرنى كۆزىتىپ، ئالدىن ئاگاھلاندۇرۇشنى كۈچەيتتى. غەيرىي نەق مەيداندا نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش كۆرسەتكۈچى سىستېمىسىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، غەيرىي نەق مەيداندا نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش ئۇچۇرىنى قايتىلاندۇرۇش تۈزۈمىنى قېلىپلاشتۇردى، يەرلىكتىكى ئوتتۇرا، كىچىك پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى غەيرىي نەق مەيداندا نازارەت قىلىش، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، خېيىمخەتەر ئەھۋالىنى ئاي بويىچە كۆزىتىپ تەھلىل قىلىپ، ئۇنىڭ ئاكتىپ - پاسسىپ نىسبىتىنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسىنى ۋە ئالاقىدار تەلەپلەرگە ئاساسەن ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ياخشىلاشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خېيىمخەتەرنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئېغىزىنى ئالدىغا سۈرۈپ، غەيرىي نەق مەيداندا نازارەت قىلىش، باشقۇرۇشنىڭ كۆزىتىپ، ئالدىن ئاگاھلاندۇرۇش رولىنى جارى قىلدۇردى.

3. نەق مەيداندا تەكشۈرۈش، نازارەت قىلىش ۋە تەرتىپكە سېلىش، ئۆزگەرتىشنى قېلىپلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ ئىچكى تىزگىنلەش تۈزۈمى قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى. قەتئىي ھالدا «مەشغۇلات قىلىشنى نەق مەيداندا تەكشۈرۈش نىزامى» بويىچە ئىش كۆرۈپ، باش بانكا ۋە شۆبە بانكا تاپشۇرغان، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى تۈرلەر بويىچە مەخسۇس تەكشۈرۈشنى ئەستايىدىل ئورۇنداپ، نەق مەيداندا ئۇچۇرنى قايتىلاندۇرۇش ۋە پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى تەرتىپكە سېلىش، ئۆزگەرتىشنى قېلىپلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، نەق مەيداندا تەكشۈرۈشنى ئىلگىرىكى قائىدىلىك تەكشۈرۈشتىن قائىدىلىك تەكشۈرۈش بىلەن خېيىمخەتەرنى تەكشۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈشكە ئۆزگەرتىشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشۇردى. بىر يىلدا 10 نەچچە تۈرلۈك مەخسۇس تەكشۈرۈش تۈرىنى ئىشلىدى ھەم تەكشۈرۈلگۈچى ئاپپاراتقا قايتىلانما پىكىرنامە تارقىتىپ، ئۆزىگە تەۋە رايوندىكى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ ئىچكى جەھەتتىن تىزگىنلەش تۈزۈمىنى كۈچەيتىپ، قانۇن بويىچە قائىدىگە ئۇيغۇن، مۇقىم، ساغلام تىجارەت قىلىشنى ئىلگىرى

سۇردى.

4. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى قاتتىق باشقۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قانۇن بويىچە، قائىدىگە ئۇيغۇن تىجارەت قىلىشىنى ئىلگىرى سۇردى. ئاپپارات باشقۇرۇش، تەسىس قىلىش پرىنسىپىغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ، ئاپپاراتلارنىڭ بازارغا كىرىش، قايتىپ چىقىش ئۆتكىلىنى ياخشى ئىگىلىدى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى يىللىق تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئەستايىدىل قانات يايدۇردى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، ئۆزىگە تەۋە رايوندىكى دۆلەت ئىلكىدىكى سودا بانكىلىرىنىڭ شۆبە، تارماق ئاپپاراتلىرىنى ئىسلاھ قىلىشنى ماسلاشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىشنى كۈچەيتىپ، ئاپپاراتلارنىڭ ئورۇنلىشىشىنى مۇۋاپىق تەڭشىدى؛ پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ قائىدە - تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلغان يۇقىرى دەرىجىلىك باشقۇرغۇچىلىرىنى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، ۋەزىپە ئۆتەش سالاھىيىتىنى قىلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى.

5. نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش، ياردەم بېرىش، ھەيدەكچىلىك قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئوتتۇرا، كىچىك پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ چىقىم قىلىشتىكى خېيىمخەتىرى ۋە تىجارەت خېيىمخەتىرىنىڭ نۇقتىلىق ئالدىنى ئالدى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يەرلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا تولۇق تايىنىپ، ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەپ، چىڭ تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش خىزمىتىدە چىقىمغا كاپالەتلىك قىلىش، خېيىمخەتەرنى پەسەيتىش، تەرەققىياتنى كۆزلەش جەھەتتە روشەن ئۇنۇمگە ئېرىشتى.

6. پۇل مۇئامىلە تەرتىپىنى تەرتىپكە سېلىش، پۇل مۇئامىلە جەھەتتىكى قانۇن -قائىدىلەرگە، ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش قىلمىشلىرىنى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ ھېساب سىرتىدىكى ھېسابى ۋە خاراكتېرى ئوخشىمايدىغان ھەرخىل قائىدە - تۈزۈمگە خىلاپ قىلمىشلارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، يېزىلارنىڭ ھەمكارلىق فوندى جەمئىيىتىنى ئېنىقلاپ، تەرتىپكە سېلىشقا پائال ياردەم بېرىپ، يېزا ئىقتىسادى، پۇل مۇئامىلىسىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. غەيرىي بانكا پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى ۋە پۇل مۇئامىلە بازىرىنى تەرتىپكە سېلىش، نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىپ، ھاۋالە مەبلەغ شىركەتلىرىنىڭ تەرتىپكە سېلىش، ئۆزگەرتىش، قېلىپلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىشكە ھەيدەكچىلىك قىلدى. لاتارېيە بېلەتى تارقىتىشنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى. گۆرۈكەشلىك كەسپىنى ئەستايىدىل ئېنىقلىدى، غەيرىي پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ قانۇنسىزلىق بىلەن باشقا پۇل مۇئامىلە كەسپلىرىنى بېجىرىش ھادىسىلىرىنى ئېنىقلىدى ۋە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، ھۆكۈمەتنىڭ پۇل مۇئامىلىدىكى «لۈچ قالايمىقان»نى تەرتىپكە سېلىشقا زور كۈچ بىلەن ياردەم بەردى؛ تاشقى پېرېۋوت جەھەتتىكى قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش دېلولىرىنى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، پۇل مۇئامىلە ھەقدارلىقىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى، كارخانىلارنىڭ بانكا قەرزىدىن قېچىش قىلمىشلىرىغا قاتتىق زەربە بەردى.

7. تاشقى پېرېۋوتنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، تاشقى پېرېۋوت خېيىمخەتىرىنىڭ ئالدىنى ئالدى. تاشقى پېرېۋوتنىڭ بازارغا كىرىشىگە رۇخسەت قىلىشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلىدى. تاشقى پېرېۋوتنى باشقۇرۇش بەلگىلەنگەن بانكىنىڭ تاشقى پېرېۋوتنى باشقۇرۇش سىياسىتىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشنى كۈچەيتتى؛ ئىمپورتقا چىقىم قىلىنغان پېرېۋوتنى ھېسابتىن كۆتۈرۈشنى چىڭىتىپ، ئېكسپورت ئارقىلىق قىلىنغان تاشقى پېرېۋوتنى ھېسابتىن كۆتۈرۈشنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى؛ كاپىتال تۈرىنى باشقۇرۇشنى چىڭىتىپ، چەت ئەل مەبلىغى، چەت ئەل قەرزى ۋە چەت ئەلگە مەبلەغ سېلىشنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تاشقى پېرېۋوتنى راسچوت قىلىش، سېتىشنى ستاتىستىكا قىلىش، نازارەت قىلىش ۋە تاشقى پېرېۋوت ھېسابىنى باشقۇرۇش خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلىدى.

8. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش ھەرىكەتلىرىنى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى. پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىدىكى ئىقتىسادىي دېلولارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش سالمىقىنى زورايتىپ، بىر يىلدا قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىنغان 73 ھەرخىل دېلونى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، ئۇنىڭ سوممىسى 15 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە، دېلوغا چېتىشلىق ئادەم 82 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، سوممىسى مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان چوڭ دېلو 4. يىل ئاخىرىغىچە 54 دېلو ئاخىرلاشتۇرۇلدى.

ۋاڭ شىنپىڭ

## دۆلەت خەزىنىسى خىزمىتى

خەلق بانكىسىنىڭ ئاپپاراتى ئىسلاھ قىلىنغاندىن كېيىن، 1999 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك دۆلەت خەزىنىسى ئاپپاراتلىرى قوشۇۋېتىلدى، كەسپى قوشۇپ بېجىرىلدى. بىر يىلدا مەركەز دەرىجىلىك خام چوت كىرىمى 6 مىليارد 200 مىليون يۈەنگە، يەرلىك خام چوت كىرىمى 7 مىليارد 400 مىليون يۈەنگە يەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مالىيىدىن 17 مىليارد 191 مىليون يۈەن پۇل

ئاجرىتىلدى، 775 مىليون يۈەن مەركەز دەرىجىلىك خام چوت كىرىمى، 656 مىليون يۈەن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك خام چوت كىرىمى تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك دۆلەت خەزىنىلىرىنىڭ 1997 ــ، 1998 ــ يىللىق خەزىنە بوغالتىرىيە ھېساباتىنى ئۆزى تەكشۈرۈش ۋە تەكشۈرۈش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، ھەر خىل خەزىنە دوكۇمېنتىدىن 1 مىليون 232 مىڭ 660 پارچە، مەلۇمات جەدۋىلىدىن 83 مىڭ 832 پارچە تەكشۈرۈلدى، تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك دۆلەت خەزىنىلىرىنىڭ خېيىمخەتەرسىز بولغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، 1999 ــ يىللىق زايوم تارقىتىش، تېگىشىش خىزمىتى ئوڭۇشلۇق ئورۇندالدى. سودا بانكىسى 1 مىليارد 357 مىليون يۈەنلىك دوكۇمېنت شەكىللىك 3 يىللىق ۋە 5 يىللىق زايوم تارقىتىش، ئورۇنلار ۋە شەخسلەرگە ئىلگىرىكى يىللاردىكى ھەر خىل زايوملارنىڭ 431 مىليون يۈەن دىرى بىلەن ئۆسۈمىنى قايتۇرۇشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى.

ما شياۋيۈن

## ئالتۇن، كۈمۈش سېتىۋېلىش

ئاپتونوم رايون بويىچە 1999 ــ يىلى 6449.25 كىلوگرام ئالتۇن سېتىۋېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە كان ئالتۇنى 6346.06 كىلوگرام، زالتاي ئالتۇن 103.19 كىلوگرام، ساپلىقى يۇقىرى ئالتۇندىن 412 كىلوگرام سېتىلىپ، كارخانىلارنىڭ ئالتۇنغا بولغان ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىندى. جۇڭگو خەلق باش بانكىسى چۈشۈرگەن ئالتۇن، كۈمۈشنى يۆتكەش ۋەزىپىسى تولۇق ئورۇندىلىپ، باش بانكىنىڭ ئالتۇن تاۋلاش زاۋۇتىغا 10.51 توننا ئالتۇن، 5.43 توننا كۈمۈش تاپشۇرۇلدى.

ما شياۋيۈن

## تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش

1999 ــ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە 1 مىليارد 746 مىليون 380 مىڭ دوللار تاشقى پېرېۋوت راسچوت قىلىنىپ ۋە سېتىلىپ، 1998 ــ يىلدىكىدىن 280 مىليون 490 مىڭ دوللار كېمەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە راسچوت قىلىنغان تاشقى پېرېۋوت 531 مىليون 810 مىڭ دوللار بولۇپ، 11.24% كېمەيدى؛ سېتىپ چىقىرىلغان تاشقى پېرېۋوت 1 مىليارد 214 مىليون 570 مىڭ دوللار بولۇپ، 14.93% كېمەيدى. راسچوت قىلىنغان ۋە سېتىلغان تاشقى پېرېۋوتنىڭ تەتۈر پەرقى 682 مىليون 760 مىڭ دوللار بولۇپ، 145 مىليون 810 مىڭ دوللار كېمەيدى. ئاپتونوم رايون بويىچە يىل ئاخىرىدىكى تاشقى قەرز قالدۇقى 1 مىليارد 892 مىليون 453 مىڭ 300 دوللار بولۇپ، 43 مىليون 77 مىڭ 300 دوللار كېمەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە بىۋاستە تاشقى قەرز 184 مىليون 442 مىڭ 700 دوللار، قەرزگە ئۆزگەرتىلگەن تاشقى پېرېۋوت 957 مىليون 891 مىڭ 900 دوللار، خۇسۇسىي تىجارەتنىڭ تاشقى پېرېۋوت قەرزى 750 مىليون 118 مىڭ 700 دوللار.

1. نىزاملار تەرتىپكە سېلىنىپ، تۈزۈم ئورنىتىلىپ، مۇناسىۋەت راۋانلاشتۇرۇلۇپ، يېڭى تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىگە ئۆزگەرتىلدى. 1999 ــ يىل 1 ــ ئاينىڭ 1 ــ كۈنى يېڭى تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلدى. سابىق دۆلەت تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك شۆبە ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، دۆلەت تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبە ئىدارىسى يېڭىدىن تەشكىللەندى. دۆلەت تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىرىدىكى شۆبە ئىدارىلىرى تارماق ئىدارىگە ئۆزگەرتىلىپ، ئۈرۈمچى شۆبە ئىدارىسىنىڭ كەسپىي جەھەتتىن باشقۇرۇشىدا بولىدىغان بولدى.

2. تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش ۋە تاشقى پېرېۋوت كەسپى خىزمىتى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەندى. 1) ئىمپورت ــ ئېكسپورتنى تەكشۈرۈپ ھېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىشنى تور ئارقىلىق تەكشۈرۈش سىستېمىسى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ۋە قوللىنىلىپ، ئىمپورتقا تۆلەنگەن تاشقى پېرېۋوتنى تەكشۈرۈپ ھېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىش خىزمىتى كۈچەيتىلدى. ئىمپورت ــ ئېكسپورتنى تەكشۈرۈپ ھېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىشنى تەكشۈرۈش سىستېمىسى 1999 ــ يىل 1 ــ ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە رەسمىي ئىشقا چۈشتى ھەم ئىمپورتقا چىقىم قىلىنغان تاشقى پېرېۋوتنى تەكشۈرۈپ ھېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىشتە ساقلانغان مەسىلىلەر مۇۋاپىق ھەل قىلىنىپ، ئىمپورتقا چىقىم قىلىنغان تاشقى پېرېۋوتنى تەكشۈرۈپ ھېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىش خىزمىتى كۈچەيتىلدى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايوندىكى تاشقى پېرېۋوت چىقىم قىلىشقا بەلگىلەنگەن بانكىلار چەت ئەللەرگە 675 مىليون 532 مىڭ دوللار ئەمەلىي چىقىم قىلدى، 868 مىليون 867 مىڭ 800 دوللار تەكشۈرۈپ ھېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىلدى، ھېسابتىن كۆتۈرۈش نىسبىتى 129%كە، تارقىتىلغان ئەڭگە ئېلىش جەدۋىلىدىكى سومما 179 مىليون 334 مىڭ 400 دوللارغا، بېرىلگەن 90 كۈندىن ئارتۇق ئۇزاق مۇددەتلىك كرېدىت گۇۋاھنامىسىدىكى سومما 9 مىليون 985 مىڭ دوللارغا يەتتى. 2) ئېكسپورتقا ئېلىنغان تاشى پېرېۋوتنى تەكشۈرۈپ ھېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىش خىزمىتى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەندى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون

بويىچە ئېكسپورتقا ئېلىنغان تاشقى پېرېۋوتنى تەكشۈرۈپ ھېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىش ھۆججىتىدىن 9079 پارچە تارقىتىلىپ، 5922 پارچىسى يىغىۋېلىندى، ھۆججەتنىڭ يىغىۋېلىنىش نىسبىتى 95.38%كە يەتتى، 6083 پارچىسى تەكشۈرۈپ ھېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىلدى، تاشقى پېرېۋوت كىرىم قىلىش نىسبىتى 95.70%كە، تەكشۈرۈپ ھېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىلگەن سومما 399 مىليون 140 مىڭ 200 دوللارغا يەتتى. ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىكى 130 نەچچە ئېكسپورت كارخانىسىنىڭ 1999 - يىل 2 -، 3 - پەسىللىك ئېكسپورتتىن تاشقى پېرېۋوت كىرىم قىلىش ئەھۋالى تەكشۈرۈلۈپ، A دەرىجىلىك 52 كارخانا، B دەرىجىلىك 3 كارخانا، C دەرىجىلىك 3 كارخانا، D دەرىجىلىك 34 كارخانا، دەرىجىگە تۇرغۇزۇلمىغان 38 كارخانا باھالاپ چىقىلدى. كارخانىلارنى كۆپرەك ئېكسپورت قىلىپ، كۆپرەك پېرېۋوت كىرىم قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۆسۈم قوشۇپ بېرىش خىزمىتى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەندى، بىر يىلدا ئېكسپورتقا 3301 قېتىمدا 254 مىليون 366 مىڭ 500 دوللار ئۆسۈم قوشۇپ بېرىلدى. 3) تەپتىشلىك قىلىش بىلەن جازالاشنى ئايرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. تاشقى پېرېۋوتنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلغان ئورۇن ۋە شەخسلەرگە جازا بېرىلىپ، مۇسادىرە قىلىنغان پۇلنى شۇ جايدىكى دۆلەت ئىلكىدىكى سودا بانكىسى شۆبە، تارماق ئاپپاراتلىرىنىڭ ۋاكالىتەن تاپشۇرۇپ ئېلىشىغا ھاۋالە قىلىندى. 4) يېڭىدىن يېزىلغان «تاشقى پېرېۋوتنى ئېلىپ چېگرىدىن چىقىش ئىجازەتنامىسى» 1999 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ رەسمىي ئىشلىتىلدى.

3. كاپىتال تۈرىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، چەت ئەل مەبلىغى، تاشقى قەرزنى باشقۇرۇش خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى. 1) چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىلدى. تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش ئىدارىسى تىجارەت ئەھۋالى ياخشى بولغان، چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارغا باشقۇرۇش بىلەن مۇلازىمەت قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپى بويىچە ئەنگە ئېلىش، ھېساب ئېچىش، ئىلتىماس قىلىش ۋە ئالاھىدە ئەھۋالدا تاشقى پېرېۋوتنى راسچوت قىلىش، سېتىشقا ئالاقىدار خىزمەتلەرنى ئاكتىپ بېجىرىپ بەردى. يىل ئاخىرىغىچە تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش ئىدارىسى تىزىملاپ ئەنگە ئالغان كارخانا 389، سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليارد 40 مىليون 41 مىڭ دوللار، ئەنگە ئېلىنغان كاپىتالى 788 مىليون 936 مىڭ 900 دوللار. 2) چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلار بىرلىشىپ يىللىق تەكشۈرۈلدى. تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش ئىدارىسى تاشقى سودا، سودا - سانائەت قاتارلىق تارماقلار بىلەن بىرلىشىپ، ئۈز تەۋەلىكىدىكى چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنى يىللىق تەكشۈردى، ئاپتونوم رايون بويىچە 258 كارخانا تاشقى پېرېۋوتنى يىللىق تەكشۈرۈشكە قاتناشتى، بۇ قاتنىشىشقا تېگىشلىك كارخانىلارنىڭ 88.76%نى ئىگىلەيدۇ. لاياقەتسىز كارخانا 29، بۇ ئەمەلىي تەكشۈرۈلگەن كارخانىلارنىڭ 11.24%نى ئىگىلەيدۇ. 3) چەت ئەللەرگە مەبلەغ سېلىشتا تاشقى پېرېۋوتنى ئەتراپلىق باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى. تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش ئىدارىسى ئاپتونوم رايوندىكى كارخانىلارنىڭ چەت ئەللەرگە چىقىپ، خەلقئارا بازارلارغا كىرىشىگە مەدەت بېرىش ئۈچۈن، 1999 - يىلى نۇقتىلىق ھالدا، چەت ئەللەرگە مەبلەغ سالىدىغان كارخانىلارنىڭ تۈر تۇرغۇزۇشتىن ئىلگىرىكى تاشقى پېرېۋوت خېيىمخەتىرى ۋە كاپىتال مەنبەسىنى تەكشۈرۈشتىن تارتىپ، تاكى تۈر تۇرغۇزۇلغاندىن كېيىن مەبلەغنى پېرېۋوت قىلىپ چىقىرىش، ماددىي تەرەققىيات ۋە تىجارەت ئەھۋالى قاتارلىق تەرەپلەرنى ئەستايىدىل تەكشۈردى، نەق پېرېۋوت بىلەن مەبلەغ سالىدىغان ۋە ماددىي ئەشيا بىلەن مەبلەغ سالىدىغان كارخانىلاردىن پايدىنى پېرېۋوت قىلىپ قايتۇرۇپ كېلىش كاپالەت سوممىسى ئالغاندىن كېيىن، ئۇلارنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىمپورتقا پېرېۋوت چىقىم قىلىش ۋە ئېكسپورتقا پېرېۋوت كىرىم قىلىشنى تەكشۈرۈپ ھېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىش باشقۇرۇش يولىغا سېلىپ، قاتتىق تەكشۈرگەندىن كېيىن كۆرسىتىلگەن ئىسپاتقا ئاساسەن، ئىمپورتقا چىقىم قىلىنغان تاشقى پېرېۋوت بىلەن ئېكسپورتتىن كىرىم قىلىنغان تاشقى پېرېۋوت قالدۇقلىرىنى چېكىشتۈرۈپ كۆتۈرۈۋېتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، چەت ئەللەرگە مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇشدا ساقلىنىۋاتقان، تەكشۈرۈپ ھېسابتىن كۆتۈرۈش خىزمىتىدىن ئايرىلىپ كېتىش مەسىلىسىنى مۇۋاپىق ھەل قىلدى. بىر يىلدا 6 كارخانىنىڭ چەت ئەلگە مەبلەغ سېلىشىدىكى خېيىمخەتىرى تەكشۈرۈلدى، بۇ كارخانىلار 990 مىڭ دوللار قىممىتىدە ماددىي ئەشيا مەبلەغ سالدى.

4. خەلقئارا كىرىم - چىقىم ستاتىستىكىسى ۋە تاشقى پېرېۋوتنى باشقۇرۇشنى ئېلېكترلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى. يىل ئاخىرىغىچە خەلقئارا كىرىم - چىقىم سانلىق مەلۇماتىدىن 26 مىڭ 842 سى تاپشۇرۇۋېلىندى، ئۇنىڭ سوممىسى 1 مىليارد 207 مىليون 470 مىڭ دوللار بولدى؛ پېرېۋوت تېگىشىش كەسپى ستاتىستىكا مەلۇماتىدا خەلق پۇلىغا ئالماشتۇرۇلغان تاشقى پېرېۋوت 23 مىليون 520 مىڭ دوللارغا، تاشقى پېرېۋوتقا ئالماشتۇرۇلغان خەلق پۇلى 29 مىليون 360 مىڭ دوللارغا؛ ئومۇمىي تاشقى پېرېۋوت ھېسابى 406 مىليون 20 مىڭ دوللارغا يەتتى. 1999 - يىل 1 - ئايدا

ئىمپورتقا چەكلىمە قىلىنغان تاشقى پېرېۋوتنى تەكشۈرۈپ ھېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىش سالدىق مەلۇماتلىرى تۈنجى قېتىم كومپيۇتېر ئارقىلىق جەملەندى ھەم باش ئىدارىغا ئۇچۇرلۇق يوللاپ بېرىلىپ، قول بىلەن مەلۇمات جەدۋىلى تۈزۈش دەۋرىگە خاتىمە بېرىلدى. ئىمپورت قىلىنغان ماللارنى يوللاش مۆھجىتى 169 تور ئارقىلىق تەكشۈرۈلدى ھەم ئېكسپورتتىن كىرىم قىلىنغان تاشقى پېرېۋوتنى ھېسابتىن كۆتۈرۈشكە ئىشلىتىلىدىغان يۈمشاق دېتالنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى، قاتتىق دېتال ئۈسكۈنىلىرىنىڭ سىغىمىنى كېڭەيتىش، سىستېما يۇمشاق دېتالى ۋە ئىمپورت - ئېكسپورت، خەلقئارا كىرىم - چىقىمدا ئىشلىتىلىدىغان يۇمشاق دېتالنى يېڭىلاپ، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش جەھەتتە تەربىيىلەش ئېلىپ بېرىلىپ، تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇشنى ئېلېكترلەشتۈرۈش قەدىمى تېزلىتىلدى.

لى گوشيەن

# يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى

## ئومۇمىي ئەھۋالى

يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى ش ئۇ ئا ر شۆبىسى 1999 - يىلى سېتىۋېلىش مەبلىغى بىلەن ۋاقتىدا يېتەرلىك تەمىنلەپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى نەقلەشتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. بىر يىلدا 12 مىليارد 99 مىليون يۈەن سېتىۋېلىش مەبلىغى سېلىپ، 1 مىليون 328 مىڭ توننا ئاشلىق، 22 مىڭ 500 توننا ياغلىق دان، 1 مىليون 156 مىڭ توننا پاختا سېتىۋېلىشقا مەدەت بەردى. يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى تەمىنلىگەن مەبلەغ نەقلەشمەسلىك سەۋەبىدىن دېھقانلارغا ئاق مۆججەت بېرىش ھادىسىسى كۆرۈلمىدى. گوۋۇيۈەننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە قاتتىق ئەمەل قىلىنىپ، دېھقانچىلىق بېجى تۇتۇلغاندىن سىرت، مال سانقان پۇلنىڭ ھەممىسى نەق مەيداندا دېھقانلارنىڭ قولىغا بېرىلىپ، دېھقانلارنىڭ سېتىش كىرىمى پۈتۈنلەي ئۆزىگە مەنسۇپ بولۇش ھەققىدىكى سىياسەتنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىندى.

1999 - يىلى، شۆبە بانكا «ئىككى ئاساس»نى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، شۇ مەزگىللىك سېتىۋېلىش مەبلىغىنى بېپىق ھالەتتە ئىشلىتىشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇردى. ئاساس خىزمىتى ۋە ئاساسىي قاتلام بانكىلارنىڭ خىزمىتىنى باشقۇرۇش نۇقتىلىق تۇتۇلۇپ، سېتىۋېلىش مەبلىغىنىڭ ئاچقۇچلۇق ھالقىلىرىنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى، قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇش ئارقىلىق، تۈرلۈك باشقۇرۇش تەدبىرلىرى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. 1999 - يىلى بانكا بويىچە 3970 ھەر خىل ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى.

يىل ئاخىرىغىچە، بانكا بويىچە تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 26 مىليارد 530 مىليون يۈەن بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 2 مىليارد 880 مىليون يۈەن ئازلىدى؛ تۈرلۈك پۇل ئامانەت قالدۇقى 1 مىليارد 720 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 453 مىليون يۈەن كۆپەيدى، بىر يىلدا كىرىمدىن پەرقى، كىرىمىنىڭ ساپ خەزىنىلىشى 2 مىليارد 427 مىليون يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى يېڭىدىن تارقىتىلغان قەرز پۇل بىلەن شۇ يىلدىكى خەزىنە قالدۇقى قىممىتىنىڭ نىسبىتى %100كە، قەرز پۇلنىڭ خەزىنىلىشىش نىسبىتى %107.14كە، قەرز پۇلنىڭ بانكىغا قايتۇرۇلۇش نىسبىتى %100كە، قەرزنى يىغىۋېلىش نىسبىتى %97.3كە، ئۆسۈم يىغىش نىسبىتى %92كە يەتتى، نامۇۋاپىق مەبلەغنىڭ ئازىيىش نىسبىتى %19.6كە چۈشتى، كىرىمدىن مەبلىغىنىڭ مۇۋاپىق ئىشلىتىلىش نىسبىتى %13.98كە يېتىپ، شۇ مەزگىللىك سېتىۋېلىش مەبلىغىنىڭ بېپىق ئىشلىتىلىشى ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشتى.

جيا خۇيىەن

# سودا - سانائەت بانكىسى

## سودا - سانائەت بانكىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

سودا - سانائەت بانكىسى ش ئۇ ئا ر شۆبىسىنىڭ 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 44 مىليارد 922 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 3 مىليارد 954 مىليون يۈەن كۆپەيدى، ئۇنىڭغا سېتىلغان 460 مىليون يۈەنلىك زايومنى قوشقاندا، 4 مىليارد 414 مىليون يۈەنگە يېتىپ، باش بانكا چۈشۈرگەن سىناق قىلىش ۋەزىپىسى %119.3 ئورۇندالدى. تۈرلۈك خەلق پۇلى قەرز قالدۇقى 32 مىليارد 478 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 241 مىليون يۈەن كۆپەيدى (بۇنىڭدىن ناچار مال - مۈلۈك ۋە پايغا ئۆزگەرتىلگەن قەرز قاتارلىق ئامىللارنى چىقىرىۋەتكەندە، قەرز پۇل ئەمەلىيەتتە 1 مىليارد 909 مىليون يۈەن كۆپەيدى)، خەلق پۇلى ھېسابىدىكى تارقىتىلغان ھەرخىل قەرز پۇل 25 مىليارد 768 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە قىسقا مۇددەتلىك قەرز پۇل قالدۇقى 23 مىليارد 92 مىليون يۈەن، ئوتتۇرا، ئۇزاق مۇددەتلىك قەرز پۇل قالدۇقى 9 مىليارد 385

مىليون يۈەن بولۇپ، قەرز پۇل تارقىتىش كۆلىمى باش بانكا تەكشۈرۈپ تەستىقلىغان پىلان ئىچىدە تىزگىنلەندى.

دۇ خەيتاڭ

## سودا ـ سانائەت تۇراقسىز مەبلىغى قەرز پۇلى

سودا ـ سانائەت بانكىسى ش ئۇ ئا ر شۆبىسىنىڭ 1999 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى سودا ـ سانائەت تۇراقسىز مەبلىغى قەرز پۇل قالدۇقى 24 مىليارد 772 مىليون يۈەن بولۇپ، يىل بېشىدىكىدىن 330 مىليون يۈەن كېمەيدى. قەرز پۇل تارقىتىش يۆنىلىشى جەھەتتە، تۈۋرۈك كەسىپ، نۇقتىلىق كەسىپ، نۇقتىلىق مۇئامىلىدارلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش سالمىقى زورايتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە نېفىت، نېفىت خىمىيە سانائىتى، پوچتا ـ تېلېگراف، قاتناش، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى قاتارلىق تۈۋرۈك كەسىپلەر ۋە نۇقتىلىق كەسىپلەرگە يېڭىدىن كۆپەيتىپ بېرىلگەن قەرز پۇل يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن بارلىق قەرز پۇلنىڭ %74نى ئىگىلىدى، «ئا» دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كارخانىلارغا بېرىلگەن قەرز پۇل يېڭىدىن كۆپەيگەن قەرز پۇلنىڭ %84.8نى ئىگىلىدى. ئىستېمال كرېدىتى كەسپى يولغا قويۇلۇپ، ئاپتوموبىل ئىستېمال قەرز پۇلى قالدۇقى 46 مىليون 750 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئوخشاش كەسىپتىكىلەرنىڭ %38 بازار سالمىقىنى ئىگىلىدى. بىر يىلدا چوڭ سومىلىق، چىدامىلىق ئىستېمال بويۇملىرى ئۈچۈن 1 مىليون 310 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلدى.

دۇ خەيتاڭ

## تۇرلەرگە بېرىلگەن قەرز پۇل

سودا ـ سانائەت بانكىسى ش ئۇ ئا ر شۆبىسى 1999 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە تۇرلەرگە 1 مىليارد 471 مىليون 790 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقاتتى، بۇ يىل بېشىدىكىدىن 430 مىليون 510 مىڭ يۈەن كۆپەيدى. تۇرلەرگە بېرىلگەن قەرز پۇل مۇنداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولدى: 1) تۇرلەر قەرز پۇلىنى يىغىۋېلىشتا ئېشىش سالمىقى چوڭراق بولۇپ، 1 مىليارد 41 مىليون 280 مىڭ يۈەن يىغىۋېلىندى؛ 2) قەرز پۇل قۇرۇلمىسى يەنىمۇ تەرتىپكە سېلىنىپ، يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن قەرز پۇل ئاساسەن نېفىت، نېفىت خىمىيە سانائىتى، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى، قاتناش، شەھەر مەمۇرىيىتى ئاساس مۇئەسسەسلىرى قاتارلىق ساھەلەرگە بېرىلدى، بۇ، تارقىتىلغان بارلىق قەرز پۇلنىڭ %86.05نى ئىگىلىدى. 3) ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرى قەرز پۇلى زور دەرىجىدە يۇقىرى ئۆرلەپ، بارلىق قەرز پۇلنىڭ %36.9نى ئىگىلىدى.

دۇ خەيتاڭ

## تۇرالغۇ ئۆي كرېدىت كەسپى

سودا ـ سانائەت بانكىسى ش ئۇ ئا ر شۆبىسىنىڭ 1999 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى شەخسلەر سېتىۋالىدىغان تۇرالغۇ ئۆيلەرگە بەرگەن قەرز پۇلى 706 مىليون 190 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 85 مىليون 930 مىڭ يۈەن كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە تۇرالغۇ ئۆي تەرەققىيات قەرز پۇلى 463 مىليون 290 مىڭ يۈەن بولۇپ، 16 مىليون 470 مىڭ يۈەن كۆپەيدى، شەخسىي تۇرالغۇ ئۆيلەرگە بېرىلگەن قەرز پۇل 242 مىليون 900 مىڭ يۈەن بولۇپ، 69 مىليون 460 مىڭ يۈەن كۆپەيدى. بىر يىلدا شەخسلەر سېتىۋالىدىغان تۇرالغۇ ئۆيلەرگە 376 مىليون 680 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلدى.

دۇ خەيتاڭ

## ھۆكۈمەت پۇلى ئامانىتى

سودا ـ سانائەت بانكىسى ش ئۇ ئا ر شۆبىسىنىڭ 1999 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ھۆكۈمەت پۇلى ئامانەت قالدۇقى 18 مىليارد 506 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 1 مىليارد 799 مىليون يۈەن كۆپەيدى. 1999 ـ يىلى شۆبە بانكا رىقابەت ئېڭىنى كۈچەيتىپ، بازارنى پائال كېڭەيتىپ، ۋاكالەتەن يىغىۋېلىپ، ۋاكالەتەن چىقىم قىلىش ئاساس قىلىنغان ۋاستىچىلىق كەسپىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ھۆكۈمەت پۇلى ئامانىتىنى تەكشۈرۈش سالمىقىنى زورايتىپ، ھۆكۈمەت پۇلى ئامانىتىنىڭ مۇقىم ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

دۇ خەيتاڭ

## پۇقرالار پۇل ئامانىتى

سودا ـ سانائەت بانكىسى ش ئۇ ئا ر شۆبىسىنىڭ 1999 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى پۇقرالار پۇل ئامانىتى قالدۇقى 26 مىليارد 416 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 2 مىليارد 155 مىليون يۈەن كۆپەيدى، بۇنىڭغا زايوم سېتىلغان 460 مىليون يۈەننى قوشقاندا، جەمئىي 26 مىليارد 876 مىليون يۈەنگە يەتتى، يېڭىدىن ماتارىپ پۇل ئامانىتى كەسپى يولغا قويۇلۇپ، 93 مىڭ ھېساب ئېچىلدى، ئامانەت قويۇلغان پۇل قالدۇقى 17 مىليون 550 مىڭ يۈەن بولدى.

دۇ خەيتاڭ

## مۇدەن كارتىسى كەسپى

سودا ـ سانائەت بانكىسى ش ئۇ ئا ر شۆبىسى 1999 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا 121 مىڭ پارچە مۇدەن كرېدىت كارتىسى تارقاتتى، يېڭى تارقىتىلغان كارتا 420 مىڭ پارچە، سودىلىشىش سوممىسى 5 مىليارد 560 مىليون يۈەن بولدى؛ 388 مىڭ پارچە مۇدەن لىڭتوڭ كارتىسى تارقاتتى، يېڭى تارقىتىلغان كارتا 165 مىڭ پارچە، سودىلىشىش سوممىسى

780 مىليون يۈەن بولدى، ئالاھىدە توختاملاشقان ئورۇن 1155، يېڭىدىن كۆپەيگىنى 417.

دۇ خېيتاڭ

## خەلقئارالىق كەسىپ

سودا - سانائەت بانكىسى ش ئۇ ئا ر شۆبىسىنىڭ 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى تاشقى پېرېۋوت ئامانەت پۇل قالدۇقى 75 مىليون 270 مىڭ دوللارغا يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 22 مىليون 90 مىڭ دوللار كۆپەيدى، تاشقى پېرېۋوت ھېساباتىدىكى قەرز پۇل قالدۇقى 28 مىليون 520 مىڭ دوللار بولۇپ، يىل بېشىدىكىدىن 28 مىليون 110 مىڭ دوللار كېمەيدى. تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى ئارقىلىق ئاساسەن شىمالىي شىنجاڭ سېغىرلىق، مېكرو دولقۇنلۇق سىم يولىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى قاتارلىق تۈرلەرگە مەدەت بېرىلدى، شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ B757 — 200 تىپلىق بىر ئايروپىلاننى داۋاملىق ئىجارىگە ئېلىشى ئۈچۈن 66 مىليون دوللار قىممىتىدە 6 يىللىق ئايروپىلان ئىجارىگە ئېلىش كاپالەتنامىسى چىقىرىپ بەردى.

دۇ خېيتاڭ

## ۋاستىچىلىك كەسپى

سودا - سانائەت بانكىسى ش ئۇ ئا ر شۆبىسى 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا شەخسىي ۋاستىچىلىك كەسپىدىن 33 تۈرنى يولغا قويۇپ، يېڭىدىن شەخسلەرنىڭ مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، پۇل چەكلىرىنى مېمورىئال قىلىش قاتارلىق 8 خىل ۋاكالەتچىلىك كەسپىنى يولغا قويدى. بىر يىلدا 4 مىليارد 670 مىليون يۈەن ئىش ھەققى ۋاكالىتەن تارقىتىلدى، بۇ ئىش ھەققى ئۈچۈن تارقىتىلغان پۇلنىڭ 38.1%نى ئىگىلىدى. ھەرخىل ئاممىۋى ئىشلار خىراجەتلىرىنى ۋاكالىتەن يىغىش قاتارلىق شەكىللەرگە ۋاستىچىلىك قىلىش كەسپىدە يېڭى تەرەققىيات بولدى.

دۇ خېيتاڭ

## ئېلېكترلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى

سودا - سانائەت بانكىسى ش ئۇ ئا ر شۆبىسى 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايوندىكى 15 ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق بانكىلارنىڭ چوڭ ئاپپاراتلىرىنى كېڭەيتىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى، شۆبە بانكىنىڭ تىجارەت بۆلۈمى چوڭ ئاپپارات ئارقىلىق مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ئامانەت قويۇپ، بىر تۇتاش نەقلەشتۈرەلەيدىغان بولدى، مەملىكەت بويىچە پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىدا بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇلغان 3 قېتىملىق كەسپنى توختىتىپ سىناق قىلىش ۋە شۆبە بانكا تەشكىللىگەن كۆپ قېتىملىق سىناق قىلىش ۋە مانېۋىر قىلىشنى ئورۇنداپ، كومپيۇتېرنى 2000 - يىلغا مۇقىم ئۆتكۈزۈشنى ئوڭۇشلۇق ئەمەلگە ئاشۇردى.

دۇ خېيتاڭ

# يېزا ئىگىلىك بانكىسى

## ئومۇمىي ئەھۋالى

يېزا ئىگىلىك بانكىسى ش ئۇ ئا ر شۆبىسىنىڭ 1999 - يىلىدىكى ئادەتتىكى ھەرخىل ئامانەت پۇل قالدۇقى 21 مىليارد 250 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 2 مىليارد 601 مىليون يۈەن ساپ ئاشتى. ئادەتتىكى تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 16 مىليارد 246 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1 مىليارد 422 مىليون يۈەن ئاشتى؛ مەخسۇس تۈردىكى قەرز پۇل قالدۇقى 338 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 84 مىليون يۈەن ئاشتى. مەخسۇس تۈردىكى قەرز پۇل قالدۇقى 6 مىليارد 539 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 687 مىليون يۈەن ئاشتى؛ كەسپىي تىجارەت ئەھۋالى 1998 - يىلدىكىدىن بىر ئاز ياخشىلاندى.

دۆلۈڭ شاۋجۈەن

## كرېدىت باشقۇرۇش

1999 - يىلى يېزا ئىگىلىك بانكىسى ش ئۇ ئا ر شۆبىسى يېزا ئىگىلىكىگە سېلىنىدىغان كرېدىت مەبلىغىنى داۋاملىق كۆپەيتىپ، 4 مىليارد 459 مىليون يۈەن يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى تارقاتتى، بۇ 1998 - يىلدىكىدىن 926 مىليون يۈەن كۆپ، مەخسۇس تەرەققىيات قەرز پۇلى 1 مىليارد 322 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 616 مىليون يۈەن كۆپەيدى، شۇ ئارقىلىق ئاپتونوم رايون يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۈنۈملۈك مەدەت بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئېنېرگىيە سانائىتىگە، گۇرۇھ خاراكتېرلىك كارخانا شىركەت ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىغا پائال مەدەت بەردى، مەسىلەن: شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى، «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر (گۇرۇھى) شىركىتى، ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى، شىنجاڭ «جۇڭخې» پاي ھەسسىدارلىق شىركىتى قاتارلىق چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلار ۋە مەھسۇلاتىنىڭ بازىرى بار، پەن - تېخنىكا تەركىبى يۇقىرى، ئۈنۈمى بىر قەدەر ياخشى بىر تۈركۈم كارخانىلارغا مەدەت بەردى. ئاساسىي مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشىغا زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىپ، بىر يىلدا يېزا ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشى ۋە تور ئۆزگەرتىشكە 700 مىليون يۈەندىن ئارتۇق قەرز پۇل بەردى. شەھەرلەرنىڭ ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش، سۇ بىلەن تەمىنلەش ۋە يۇندا چىقىرىۋېتىش، ئىسسىتىش تورى قۇرۇلۇشى، تەبىئىي گاز بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارغىمۇ زور كۈچ بىلەن مەدەت بەردى، ئىلى تېرمۇ

ئېلېكتر ئىستانسىسى، كورلا تەبىئىي گاز بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشى، داۋانچىڭ شامال كۈچى ئېلېكتر ئىستانسىسى قاتارلىق تۈرلەرگە نۇقتىلىق مەدەت بەردى. يىگىرمىدىن 90 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئىستېمال كرېدىتى كەسپىنى پائال يولغا قويۇپ، يىل ئاخىرىغىچە 130 مىليون يۈەن خۇسۇسىي تۇرالغۇ ئۆي قەرز پۇلى تارقاتتى، بۇ يىل بېشىدىكىدىن 67 مىليون 640 مىڭ يۈەن كۆپ.

دۇڭ شياۋجۈەن

## پۇل ئامانىتى كەسپى

بېيجىڭ ئىگىلىك بانكىسى ش ئۇ ئا ر شۆبىسىنىڭ 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئادەتتىكى تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 21 مىليارد 250 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 2 مىليارد 601 مىليون يۈەن ساپ ئاشتى. باش بانكا چۈشۈرگەن پىلان %8 .110 ئورۇندالدى (280 مىليون يۈەنلىك دۆلەت خەزىنە چېكىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) . بانكا بويىچە پۇل ئامانىتى كەسپىدە پۇل ئامانىتىنىڭ سۈپىتى ۋە بازاردا ئىگىلىگەن نىسبىتىدىن ئىبارەت 2 مۇھىم نۇقتا گەۋدىلىك تۇتۇلدى. تەشۋىق قىلىش، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش سالمىقى زورايتىلىپ، ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىيىتى ئاساس قىلىنىپ، ئاز سوممىلىق رەنلىك قەرز پۇل بېرىش كەسپىنىڭ تەرەققىياتى تېزلىتىلدى. چەت ئەل پۇلى ئامانىتى كەسپى تور - نۇقتىلىرى قۇرۇلۇشىدا چەت ئەل پۇلىنى كونترول قىلىدىغان، ئىقتىدارى كۆپ خىللاشقان 49 تور - نۇقتىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش نۇقتىلىق تۇتۇلۇپ، «ئېتىراپلىق پۇل ئامانىتى»، «كېلىشىملىك پۇل ئامانىتى» ۋە «چەت ئەل پۇلى ئامانىتى» قاتارلىق يېڭى ئامانەت تۈرلىرى كۆپەيتىلدى.

دۇڭ شياۋجۈەن

## ۋاستىچىلىك كەسپى

بېيجىڭ ئىگىلىك بانكىسى ش ئۇ ئا ر شۆبىسى 1999 - يىلى دۆلەت سىياسىتى خاراكتېرلىك بانكا كەسپى بازار نورمىسىنى ئايرىش ۋە ۋاكالىتەن يىغىش - چىقىم قىلىش كەسپىي كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، نۇقتىلىق بانكا، نۇقتىلىق مۇئامىلىدار، نۇقتىلىق تۈرلەرنى بېكىتتى. بىر يىلدا 2 شەھەر بانكىسى ۋە بىر دېھقانچىلىق رايونىنىڭ ناھىيە بانكىسىدا «مۇئامىلىدار دىرېكتور تۈزۈمى»نى سىناق قىلىپ، كېڭەيتتى؛ ش ئۇ ئا ر شۆبە بانكىنىڭ كەسپىي بۆلۈمى شىنجاڭ «خۇڭجىڭ» ئالاقىلىشىش ئۇقەتچىلىك چەكلىك شىركىتى بىلەن چاقىرغۇ ھەققىنى ۋاكالىتەن يىغىش كېلىشىمى ئىمزالىدى؛ بېيجىڭ ئىگىلىك بانكىسى بىڭتۇەن شۆبە بانكىسى بىلەن بىرلىشىپ، ش ئۇ ئا ر پوچتا - تېلېگراف باشقۇرۇش ئىدارىسى بىلەن بانكا بىلەن كارخانا ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالىدى؛ ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى بىلەن بۇنىڭدىن كېيىن خەلق باشقۇرۇشىدىكى كارخانىلارنىڭ پۇل ئامانەت، قەرز پۇل، راسچوت قاتارلىق پۇل مۇئامىلە كەسىپلىرىدە ھەمكارلىشىش مۇددىئانامىسى ھاسىل قىلدى. يىل ئاخىرىغىچە، بانكا بويىچە ۋاكالىتەن تاپشۇرۇۋېلىش، چىقىم قىلىش كەسپىي تۈرى 36 خىلغا يېتىپ، 6 مىليارد يۈەن ۋاكالىتەن تاپشۇرۇۋېلىندى ۋە چىقىم قىلىندى، ۋاستىچىلىك كەسپىدىن 21 مىليون 830 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى.

دۇڭ شياۋجۈەن

## ئېلېكترلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى

بېيجىڭ ئىگىلىك بانكىسى ش ئۇ ئا ر شۆبىسى 1999 - يىلى كومپيۇتېرنىڭ 2000 - يىل مەسىلىسىنى ھەل قىلدى، بېيجىڭ ئىگىلىك باش بانكىسىنىڭ 3 قېتىم ئىش توختىتىپ، لىنىيىدە سىناق قىلىشىدا، سىناق قىلىش دائىرىسى %100كە يەتتى، بېيجىڭ ئىگىلىك باش بانكىسىنىڭ كومپيۇتېرنىڭ Y2K مەسىلىسىنى تەكشۈرۈپ باھالىشىدىن ئۆتتى. بېيجىڭ ئىگىلىك بانكىسى بىڭتۇەن شۆبىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئۈرۈمچى شەھىرى، ئىلى، بايىنغولىن ئوبلاستى، ئاقسۇلاردا كىچىك تىپلىق ئاپپارات تورىنى بەرپا قىلىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە تورلاشتۇرۇشقا ئاساس سالدى؛ كرېدىت ئىنقىلاپ تەقسىملەش يۇمشاق دېتالى 100 دىن ئارتۇق ناھىيە دەرىجىلىك تارماق بانكىغا ئومۇملاشتۇرۇلدى؛ خۇەن كومپيۇتېر زاۋۇتى بىلەن ماسلىشىپ، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاخىرقى ئۇچنى تەتقىق قىلىپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك ياساپ چىقىپ، تەۋەسىدىكى بارلىق ئاساسىي قاتلام تىجارەت تور - نۇقتىلىرىدا ئىش بېجىرىشنى ئاپتوماتلاشتۇرۇشنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى.

دۇڭ شياۋجۈەن

# جۇڭگو بانكىسى

## خېيىمخەتەرنى باشقۇرۇش

جۇڭگو بانكىسى ش ئۇ ئا ر شۆبىسى 1999 - يىلى قەرز پۇل، پېرېۋوت چېكىنى نەقلەشتۈرۈش، دىسكونت قىلىش، راسچوتقا پۇل سەپلەپ قويۇش قاتارلىق كرېدىت كەسىپلىرىنى ئومۇمىي تەرەپلىمە بىرلىككە كەلگەن كرېدىت سىستېمىسىغا كىرگۈزۈپ، بارلىق كرېدىت كەسىپلىرىنىڭ ئامانەت قەرز خېيىمخەتىرىنى مەركەزلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى.

كرېدىتنى مۇئامىلىدارلار بىر تۇتاش باھالاپ، دەرىجىگە تۇرغۇزۇش قانات يايدۇرۇلۇپ، كرېدىت كەسپىنىڭ ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى. بىر يىلدا

تەۋەلىكىدىكى پۇل قەرز ئالغان 970 مۇئامىلىداردىن 387 سىنىڭ كرېدىت دەرىجىسى باھالىنىپ، A تۈردىكى 66، B تۈردىكى 170، C تۈردىكى 73، D تۈردىكى 78 مۇئامىلىدار باھالاپ چىقىلدى. مۇئامىلىدارلارنىڭ كرېدىت دەرىجىسىنى باھالاش قەرز پۇل تارقىتىشنى مۇھىم ھەل قىلغۇچ تەدبىر ئاساسى بىلەن تەمىن ئەتتى، مەلۇم دەرىجىدە ھوقۇقتىن ھالقىپ، ئىشەنچتىن ھالقىپ كېتىش ھادىسىلىرىنىڭ ئالدى ئېلىندى. تەۋەلىكىدىكى بانكىلارنىڭ قەرز پۇلنى تەستىقلاش ھوقۇقى دائىرىسىدە تۈرىگە قاراپ ئايرىشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، ئەھۋالغا قاراپ باشقۇرۇش، چەكلىك سومما بويىچە ھوقۇق بېرىش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، قەرز بېرىش ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش تۈزۈمىنى ئىجرا قىلمىغان بانكىلارنىڭ تۈر ئايرىمىسىنى تۆۋەنلىتىش چارىسى كۆرۈلۈپ، ھوقۇقنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش چېكى مۇناسىپ تۆۋەنلىتىلدى. ھوقۇق بېرىشنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مۇئامىلىدارلارنىڭ كرېدىت خېيىمخەتىرىنى ئۈنۈملۈك پەرقلەندۈرۈش ۋە مىقدارلاشتۇرۇش ئۈچۈن، نۇقتىلىق رايون، نۇقتىلىق كەسىپ، نۇقتىلىق مۇئامىلىدار، نۇقتىلىق مەھسۇلات ئىستراتېگىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، كرېدىت دەرىجىسىنى باھالىغاندا ئوخشىمىغان تۈرگە ئايرىلغان مۇئامىلىدارلارغا ئوخشىمىغان قەرز پۇل ھوقۇق چېكىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش يولغا قويۇلۇپ، A، B، C تۈردىكىلەرگە 2 ئوخشىمايدىغان قەرز پۇلنى تەستىقلاش ھوقۇقى يولغا قويۇلدى، D تۈردىن تۆۋەنلەرگە پەقەت يىغىۋېلىش، قەرز بەرمەسلىك سىياسىتى يولغا قويۇلدى.

بىر يىلدا 780 قېتىم كرېدىت بېجىرىلدى، سوممىسى 6 مىليارد 128 مىليون يۈەن خەلق پۇلى ۋە 188 مىليون دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 721ى تەستىقلاندى، سوممىسى 5 مىليارد 666 مىليون يۈەن خەلق پۇلى ۋە 187 مىليون دوللارغا يەتتى. بىر يىلدا 6 مىليارد 277 مىليون يۈەن خەلق پۇلى قەرز تارقىتىلدى، يىل ئاخىرىدىكى قەرز پۇل قالدۇقى 7 مىليارد 632 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن %11.74 ئاشتى. مەبلەغ سېلىش يۆنىلىشى جەھەتتە، بىرىنچىدىن، نېفىت، نېفىت خىمىيە سانائىتى، تېلېگراف، پوچتا، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى، خەلق ئاۋىئاتسىيىسى، سۇ ئىنشائاتى قاتارلىق نۇقتىلىق كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىغا نۇقتىلىق مەدەت بېرىلدى. بىر يىلدا نېفىت، نېفىت خىمىيە سانائىتى كەسىپلىرىگە 1 مىليارد 238 مىليون يۈەن خەلق پۇلى قەرز تارقىتىلىپ، كارخانىلارنىڭ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈشىگە ياردەم بېرىلدى؛ 155 مىليون يۈەن كرېدىت يېڭىدىن كۆپەيدى، كرېدىت قالدۇقىنى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 236 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئىككىنچىدىن، ئاپتونوم رايوننىڭ يېڭى بازارغا سېلىنغان شىركەتلىرىنىڭ كرېدىت كەسپى پائال راۋاجلاندۇرۇلدى. «تۈنخې» پاي چەكلىك شىركىتى، «تەڭرىتاغ» يۇڭ توقۇمىچىلىق پاي چەكلىك شىركىتى، «شىنتيەن» خەلقئارا پاي چەكلىك شىركىتى، قۇلماق پاي شىركىتى، «تيەنيې» پاي چەكلىك شىركىتى قاتارلىق بىر تۈركۈم كونا مۇئامىلىدارلارغا كرېدىت ئارقىلىق مەدەت بېرىلگەندىن سىرت، ئالاھىدە ترانسفورماتور زاۋۇتى، «خۇيتۇڭ» سۇچىلىقى قاتارلىق يېڭى بازارغا سېلىنغان پاي چەكلىك شىركەتلىرىگىمۇ مەدەت بېرىلدى. بۇ يىل يېڭى بازارغا سېلىنغان پاي چەكلىك شىركەتلىرىگە 858 مىليون يۈەن خەلق پۇلى قەرز پۇل تارقىتىلدى، 32 مىليون 860 مىڭ دوللارلىق كرېدىت گۇۋاھنامىسى بېجىرىلدى، 163 مىليون يۈەن خەلق پۇلى قىممىتىدىكى بانكا پېرېۋوت چېكى نەقلەشتۈرۈلدى، «تۈنخې» سېمونتى، «تەڭرىتاغ» پوپايكىسى، «تېبيەن» ترانسفورماتورى، «تيەنيې» يۈرۈشلەشكەن سۇلياۋ ياسالمىلىرى قاتارلىق بىر تۈركۈم داڭلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشقا مەدەت بېرىلدى. ئۈچىنچىدىن، ئاپتونوم رايوندا تەسىرى بار، ئۈنۈم يارىتىۋاتقان «گۇاڭخۇي»، «دېڭلىڭ» قاتارلىق خەلق باشقۇرۇشىدىكى كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىغا تاللاپ تۇرۇپ، نۇقتىلىق مەدەت بېرىلدى. مەدەت بېرىلگەن ساھەلەر ئۆي - زېمىن، تاش ماتېرىيال، يېزا ئىگىلىكى، كان بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش كەسىپلىرى بولدى. بىر يىلدا خەلق باشقۇرۇشىدىكى كارخانىلارغا 407 مىليون يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلدى، قەرز پۇل 1998 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىدىن 228 مىليون يۈەن كۆپەيدى.

قەرز پۇلنى تۈرگە ئايرىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، ناچار قەرز پۇل بېرىشنى نازارەت قىلىپ، تىزگىنلەش كۈچەيتىلدى. تۈرگە ئايرىش ئۆلچىمىدە خېيىمخەتەرنى ئاساس قىلغان «بەش دەرىجىلىك تۈرگە ئايرىش» ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، بارلىق قەرز پۇل قايتۇرۇش خېيىمخەتىرىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ئاساس قىلىنىپ، نورمال، كۆزىتىلىدىغان، ناچار دەرىجىلىك، گۇمانلىق ۋە زىيانلىق دەپ 5 تۈرگە ئايرىلدى. ئالدىدىكى 2 سى ئەلا قەرز پۇل، كېيىنكى 3 تۈرى ناچار قەرز پۇل دەپ ئاتالدى. 1999 - يىلى كەينى - كەينىدىن 1998 - يىلىنىڭ ئاخىرى، 1999 - يىل 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدىكى كرېدىت مەبلىغىنى ۋە 1998 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى غەيرىي كرېدىت مەبلىغىنى ئېنىقلاپ، تۈرگە ئايرىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى، بىر يىلدا خەلق پۇلى ھېسابىدا 1 مىليارد 300 مىليون يۈەن ناچار قەرز پۇل، تاشقى پېرېۋوت ھېسابىدا 17 مىليون 400 مىڭ دوللار ناچار قەرز پۇل ئېنىقلاپ يىغىۋېلىندى.

1999 - يىلى باش بانكىنىڭ تەستىقى بىلەن 57 ھېساباتىكى 80 مىليون 810 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى ئېشىلىپ قالغان قەرز پۇل ھېساباتىن كۆتۈرۈۋېتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە پىلاندىن سىرت ھېساباتىن كۆتۈرۈۋېتىلگىنى دىرى بىلەن ئۆسۈمى قوشۇلۇپ 57 مىليون 210 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى ۋە 2 مىليون 700 مىڭ دوللار. ھېساباتىن كۆتۈرۈلۈپ، مەملىكەت بويىچە قوشۇۋېتىلىپ، ۋەيران بولۇپ، خادىملىرى قىسقارتىلىپ، ئۇنۇمى ئۆستۈرۈلىدىغان پىلانغا كىرگۈزۈلگەن كارخانىلارنىڭ قەرز پۇلى دىرى بىلەن ئۆسۈمى قوشۇلۇپ 1 مىليون 180 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى.

تەن سۈگلىيۇ

## تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى

1999 - يىلى مايتاغ پولىئېستېر قۇرۇلۇشى، تارىم نېفىتلىكى، ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى قاتارلىق ئۇقتىلىق قەرز بېرىش تۈرلىرىنىڭ قەرزنى قايتۇرۇش مۇددىتى توشتى، جۇڭگو بانكىسى ش ئۇ ئا ر شۆبىسىنىڭ تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇل تارقىتىشى داۋاملىق تۆۋەنلەپ كەتتى. يىل ئاخىرىغىچە قەرز پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 344 مىليون دوللار بولۇپ، يىل بېشىدىكىدىن %18 تۆۋەنلىدى. 1999 - يىلى بازارنىڭ تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلغا بولغان ئېھتىياجى زور دەرىجىدە كېمىيىپ كەتتى. بىر يىلدا ئاران 80 مىليون 310 مىڭ دوللار تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى تارقىتىلدى. ئاساسەن شىنجاڭ ئاۋئاتسىيە شىركىتى، شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر زاۋۇتى، «تۇنخې» پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى ۋە ساي يولى قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش قۇرۇلۇش شىركىتى قاتارلىق ئورۇنلار تاشقى پېرېۋوت ئىشلەتتى. يىل ئاخىرىدا تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى ئاساسەن ئېنېرگىيە، نېفىت خىمىيە سانائىتى ساھەسىگە تارقىلىپ، تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى قالدۇقىنىڭ %85. 86نى ئىگىلىدى. تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى ئىشلەتكەن 10 چوڭ مۇئامىلىدارنىڭ تەرتىپى مۇنداق: تارىم نېفىتلىكى قوماندانلىق شتابى 606 مىليون دوللار، مايتاغ نېفىت - خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى 316 مىليون 200 مىڭ دوللار، ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى 212 مىليون 20 مىڭ دوللار، ساي يولى قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش قۇرۇلۇش شىركىتى 44 مىليون 720 مىڭ دوللار، شىنجاڭ پوچتا ۋە تېلېگراف ئىدارىسى 34 مىليون 820 مىڭ دوللار، شىنجاڭ ئاۋئاتسىيە شىركىتى 24 مىليون 870 مىڭ دوللار، «تۇنخې» پاي چەكلىك شىركىتى 11 مىليون 900 مىڭ دوللار، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى 10 مىليون 290 مىڭ دوللار، شىنجاڭ 1 - ئاۋغۇست پولات - تۆمۈر زاۋۇتى 8 مىليون 160 مىڭ دوللار، شىنجاڭ دىلۇن ئالا زاۋۇتى 7 مىليون 290 مىڭ دوللار، جەمئىي 1 مىليارد 276 مىليون دوللار بولۇپ، تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى سوممىسىنىڭ %94. 94نى ئىگىلىدى.

تەن سۈگلىيۇ

## تاشقى سودا قەرز پۇلى

جۇڭگو بانكىسى ش ئۇ ئا ر شۆبىسى 1999 - يىلى 1 مىليارد 567 مىليون يۈەن تاشقى سودا قەرز پۇلى تارقاتتى، قەرز پۇل قالدۇقى 2 مىليارد 141 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 394 مىليون يۈەن كۆپەيدى، قەرز پۇل بىلەن پاختا ئېكسپورت قىلىپ تاشقى پېرېۋوت يارىتىشقا ئۇقتىلىق مەدەت بېرىلدى. يىل ئاخىرىغىچە شىنجاڭ بېزا ئىگىلىك بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرى تاشقى سودا شىركىتىگە 902 مىليون يۈەن پاختا قەرز پۇلى تارقىتىلىپ، 260 مىليون يۈەنلىك ئېتىراپلىق پۇل بېرىلىدىغان پېرېۋوت چېكى يېزىپ بېرىلىپ، كارخانىلارنىڭ 150 مىڭ توننا پاختا سېتىۋېلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە 56 مىڭ توننا پاختا ئېكسپورت قىلىندى، ئېكسپورت ئىمپورتقا توغرىلانغىنى 90 مىڭ توننا، يارىتىلغان تاشقى پېرېۋوت 70 مىليون دوللار. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، «شىنتيەن» خەلقئارا پاي چەكلىك شىركىتى، «جۇڭجىي» كەسپىي پاي چەكلىك شىركىتى قاتارلىق يەرلىك چېگرا سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تاشقى سودا شىركەتلىرى ئىمپورت قىلغان پولات، ياغاچ ماتېرىياللار قەغەز بوتقىسى قاتارلىق چوڭ مەھسۇلاتلارغا پائال مەدەت بېرىلدى.

تەن سۈگلىيۇ

## چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلار قەرز پۇلى

جۇڭگو بانكىسى ش ئۇ ئا ر شۆبىسى 1999 - يىلى مەبلەغنى مەركەزلەشتۈرۈپ، يۇقىرى پېرېۋوت يارىتىش، يۇقىرى پايدا يارىتىش، يۇقىرى ماركىتنىڭ سوممىسى يارىتىدىغان چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىغا مەدەت بەردى. يىل ئاخىرىغىچە، چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ خەلق پۇلى قەرز پۇل قالدۇقى 613 مىليون يۈەن بولۇپ، يىل بېشىدىكىدىن 243 مىليون يۈەن كېمىيىپ كەتتى. قەرز پۇل ئاساسەن «تەڭرىتاغ» يۇڭ توقۇمىچىلىق پاي چەكلىك شىركىتى، «مىڭ» كارخانا گۇرۇھى، «شىنجىي» نېفىت خىمىيە سانائىتى شىركىتى ۋە قۇمۇل چاڭلىيەن ئۈچەي چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدىن ئىبارەت 4 كارخانىغا مەركەزلەشتى، ئۇلارنىڭ ئالغان قەرز پۇل قالدۇقى 469 مىليون يۈەن بولۇپ، تەۋەلىكتىكى چەت ئەل سودىگەرلىرى

مەبلەغ سالغان كارخانىلار ئالغان قەرز پۇل قالدۇقىنىڭ 76.51%نى ئىگىلىدى، كارخانىلارنىڭ دىرى بەلەن ئۆسۈمىنى قايتۇرۇش نىسبىتى 100%كە يەتتى.

تەن سۇگلىيۇ

## ئىستېمال قەرز پۇلى

جۇڭگو بانكىسى ش ئۇ ئا ر شۆبىسى 1999 - يىلى ئۇقتىلىق ئۆي - مۈلۈك تەرەققىياتى سودىگەرلىرىنىڭ شەخسىي تۇرالغۇ ئۆي باشلىنىش كرېدىتىغا قارىتا، كرېدىت باشقۇرۇش جەھەتتە، قەرز پۇل بېرىش مۇددىتىنى ئۇزارتىش، دەسلەپ تۆلەيدىغان پۇل سوممىسىنى تۆۋەنلىتىش، قەرز بېرىش رەسمىيەتلىرىنى ئاددىيلاشتۇرۇش، تەكشۈرۈپ - تەستىقلاش ۋاقىت چېكىنى قىسقارتىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، شەخسىي تۇرالغۇ ئۆي باشلىنىش كرېدىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاپتوموبىل ئىستېمال قەرز پۇلى، مائارىپ ئوقۇش ياردەم قەرز پۇلى، چىداملىق ئىستېمال بۇيۇملىرى قەرز پۇلى قاتارلىق تۈرلەرنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاپ، ئىستېمال كرېدىتى كەسپىنىڭ كۆلىمىنى قىسقا مۇددەت ئىچىدە شىددەت بىلەن راۋاجلاندۇردى. 12 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، ئۆز تەۋەلىكىدە 3624 ئىستېمال كرېدىت كەسپى بېجىرىلىپ، 288 مىليون يۈەن خەلق پۇلى قەرز تارقىتىلدى، قەرز پۇل قالدۇقى 281 مىليون يۈەنگە يەتتى، بىر يىلدا 265 مىليون يۈەن يېگىدىن كۆپەيدى، جۇڭگو بانكىسى ئىچىدە مەملىكەت بويىچە 3 - رەتكە ئۆتتى. بۇنىڭ ئىچىدە شەخسىي تۇرالغۇ باشلىنىش قەرز پۇلى قالدۇقى 271 مىليون يۈەن، يېڭىدىن كۆپەيگىنى 255 مىليون يۈەن، ئاپتوموبىل ئىستېمال قەرز پۇلى قالدۇقى 10 مىليون 150 مىڭ يۈەن، مائارىپ ئوقۇش ياردەم قەرز پۇلى قالدۇقى 150 مىڭ يۈەن. بۇ قەرز پۇللار، ئاساسەن ئۈرۈمچى، قاراماي، بايىنغولىن، شىخەنزە قاتارلىق چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەر ۋە ئىقتىسادى بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان رايونلارغا بېرىلدى.

تەن سۇگلىيۇ

## پۇل ئامانەت كەسپى

جۇڭگو بانكىسى ش ئۇ ئا ر شۆبىسىنىڭ 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە خەلق پۇلى تۈرلۈك ئامانەت قالدۇقى 10 مىليارد 624 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 1 مىليارد 305 مىليون يۈەن ساپ ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە كارخانا پۇل ئامانىتى قالدۇقى 4 مىليارد 943 مىليون يۈەن بولۇپ، 641 مىليون يۈەن ئېشىپ، ساپ ئاشقان سوممىسىنىڭ 49.12%نى ئىگىلىدى؛ پۇقرالار پۇل ئامانىتى قالدۇقى 5 مىليارد 217 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 542 مىليون يۈەن ساپ ئاشتى؛ بۇ ساپ ئاشقان سوممىسىنىڭ 41.53%نى ئىگىلىدى. ئاشقى پېرېۋوت تۈرلۈك پۇل ئامانىتى قالدۇقى 245 مىليون دوللارغا يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 44 مىليون دوللار ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەخسلەرنىڭ چەت ئەل پۇلى ئامانىتى قالدۇقى 203 مىليون دوللارغا يېتىپ، 65 مىليون دوللار ئاشتى.

تەن سۇگلىيۇ

## خەلقئارا راسچوت

جۇڭگو بانكىسى ش ئۇ ئا ر شۆبىسى 1999 - يىلى 1 مىليارد 93 مىليون دوللار تاشقى پېرېۋوتنى راسچوت قىلىش - سېتىش كەسپىنى بېجىردى، بۇ 1998 - يىلدىكىدىن 5.1% كۆپ. بۇنىڭ ئىچىدە، راسچوت قىلىنغان تاشقى پېرېۋوت 313 مىليون دوللار، سېتىلغان تاشقى پېرېۋوت 780 مىليون دوللار، راسچوت قىلىنغان، سېتىلغان تاشقى پېرېۋوت ئاپتونوم رايون بويىچە بازار نورمىسىنىڭ 50.98%نى ئىگىلەپ، 11 پىرسەنت پونكىتى ئاشتى.

بىر يىلدا 990 ئېكسپورت گۇۋاھنامىسى تاپشۇرۇۋېلىندى، بۇنىڭ سوممىسى 172 مىليون دوللارغا يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 87.3% ئاشتى. 1074 ھېسابقا 135 مىليون دوللار مەسلىھەتلىشىپ چىقىم قىلىنىپ، 129.8% ئاشتى؛ 104 ھېساباتا 8 مىليون 250 مىڭ دوللار ھاۋالە بىلەن تاپشۇرۇۋېلىنىپ، 19.74% ئاشتى؛ ئېكسپورتتا 31 ھېساباتا 3 مىليون 690 مىڭ دوللار رەنگە قويۇلۇپ، 33.20% تۆۋەنلىدى؛ 1249 ھېساباتا 104 مىليون دوللار تاشقى پېرېۋوتى پېرېۋوت ئارقىلىق كىرىم قىلىنىپ، 17.46% تۆۋەنلىدى؛ ئېكسپورتتىن كىرىم قىلىنغان تاشقى پېرېۋوت 203 مىليون دوللارغا يېتىپ، 10.93% ئاشتى. بىر يىلدا 557 قېتىم ئىمپورت گۇۋاھنامىسى بېجىرىلدى، سوممىسى 137 مىليون دوللارغا يېتىپ، 7.87% ئاشتى؛ 8 ھېساباتا 4 مىليون 370 مىڭ دوللار ۋاكالىتەن كىرىم قىلىنىپ، 231.06% ئاشتى؛ 2660 قېتىمدا 99 مىليون 650 مىڭ دوللار تاشقى پېرېۋوت قىلىپ چىقىرىلىپ، 16.26% تۆۋەنلىدى؛ ئىمپورتتا 232 مىليون دوللار تاشقى پېرېۋوت چىقىم قىلىنىپ، 9.38% تۆۋەنلىدى. ھەرخىل تاشقى پېرېۋوت كاپالەت خېتىدىن 28ى بېجىرىلدى، سوممىسى 2 مىليون 870 مىڭ دوللار؛ خەلق پۇلى كاپالەت خېتىدىن 133ى بېجىرىلدى، سوممىسى 25 مىليون 860 مىڭ يۈەن، بېجىرىلگەن كاپالەت خېتىنىڭ تۈرلىرى كرېدىت كاپالەت خېتى، ئىمپورتتا پۇل چىقىم قىلىش كاپالەت خېتى، ئالدىن تۆلەيدىغان پۇل كاپالەت خېتى، خېرىدار بولۇش كاپالەت خېتى، كېلىشىمنى ئادا قىلىش كاپالەت خېتى ۋە يۆتكەپ بېجىرىلگەن كاپالەت خېتى قاتارلىقلار.

تەن سۇگلىيۇ

### «سەددىچىن» كرېدىت كارتىسى كەسپى

جۇڭگو بانكىسى ش ئۇ ئا ر شۆبىسى «سەددىچىن» كرېدىت كارتىسىغا ۋاكالىتەن كىرىم قىلىش، ۋاكالىتەن چىقىم قىلىش، ۋاكالىتەن ئىش ھەققى تارقىتىش ۋە سۇغۇرتا، تېلېفون، توك ھەققلىرىنى ۋاكالىتەن تاپشۇرۇش كەسپلىرىنى پائال كېڭەيتتى. «شىنلى» شىركىتى بىلەن بىرلىكتە بانكا دوكومېنتىنى مېمورىئال قىلىش سىستېمىسىنى بىرلىكتە ئىجاد قىلىپ، سىناق قىلىپ ئورۇنىدى، 2 ئاكسىيە شىركىتى بىلەن بانكا دوكومېنتىنى مېمورىئال قىلىش كەسپىنى يولغا قويدى. «سەددىچىن» خاتىرە كارتىسى، «سەددىچىن» كۆچكە ئىگە كارتىسى قاتارلىق يېڭى كەسىپ تۈرلىرى يولغا قويۇلدى. بىر يىلدا 305 مىڭ دانە كارتا تارقىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە «سەددىچىن» كرېدىت كارتىسى 116 مىڭ دانە، «شىنتۇڭ» كارتىسى، قەرز خاتىرىلەش كارتىسى 189 مىڭ دانە، بىۋاسىتە ئىستېمال سودا سوممىسى 92 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن %45.2 ئاشتى. كرېدىت كارتىسى تۈرىدىكى پۇل ئامانەت قالدۇقى 409 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %54.34 ئاشتى. كرېدىت كارتىسىغا ئاشۇرۇپ چىقىم قىلىنغان سوممىنىڭ ئۆرلەش دەرىجىسى خېلى زور بولۇپ، يىل ئاخىرىدا 7 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يەتتى، لېكىن 180 قېتىمدىن ئارتۇق قوشۇلغان، ئاشۇرۇپ چىقىم قىلىنغان سوممىسا بىر ئاز كېمەيدى.

تەن سۇڭلىيۇ

### تۈزۈلمە ئىسلاھاتى

جۇڭگو بانكىسى ش ئۇ ئا ر شۆبىسى 1999 ـ يىلى ئىچكى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈردى. 1) كۆپ قاتلاملىق باشقۇرۇش كونا ئەندىزىسى بۇزۇپ تاشلىنىپ، سابىق رايونلۇق، شەھەرلىك بانكىلارنىڭ ئىچكى تەشكىلىي قۇرۇلمىسى ۋە فۇنكسىيىسى بىرلەشتۈرۈلدى، قايتا تەشكىللەندى، جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شەھەرلىك تارمىقى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، باشقۇرۇش قاتلىمى ئازايتىلدى. رايونلۇق، شەھەرلىك بانكىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئىسلاھ قىلىش ئارقىلىق، شىنجاڭدىكى كەسىپداشلار ئىچىدە ھەممىدىن ئاۋۋال شىركەت كەسپى، پارچە سېتىش كەسپى ئالاھىدىلىككە ئىگە يېڭى كەسپىي پائالىيەت ئەندىزىسى بەرپا قىلىندى. 2) ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك (شۆبە) تارماق بانكىلاردا سودىلاشقان ھەرىكەت مېخانىزمى بويىچە، ئىچكى ئاپپارات ئىسلاھاتى ۋە ئادەم كۈچى بايلىقىنى سەرخىللاشتۇرۇپ سەپلەش تۈرگە ئايرىپ ئېلىپ بېرىلىپ، ئورگاندىكى ئەسلىدىكى 20 بۆلۈم، ئىشخانا 8 دىن ئازايتىلدى؛ ئۇنۇمى ناچار، تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچى يوق بىر قىسىم ناھىيىلىك تارماق بانكىلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، قوشۇۋېتىلىپ، ئادەم، مالىيە، مۈلۈكلىرى ئەۋزەللىككە ئىگە رايونلارغا يۆتكەلدۈرۈلدى. 3) كۆپ يىللاردىن بۇيانقى كادىر باشقۇرۇش ۋە ئەمگەك ئىشچى ئىشلىتىش تۈزۈمىنى بوشلاپ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ، سىستېما بويىچە ئوتتۇرا، تۆۋەن قاتلامدىكى كادىرلار رىقابەت ئارقىلىق تەكلىپ بىلەن ئىش ئورنىغا چىقىش ۋە پۈتۈن خادىملار ئەمگەك توختامى تۈزۈش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

تەن سۇڭلىيۇ

## قۇرۇلۇش بانكىسى

### ئومۇمىي بايان

1999 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا جۇڭگو قۇرۇلۇش بانكىسى ش ئۇ ئا ر شۆبىسىنىڭ بارلىق پۇل ئامانەت قالدۇقى 32 مىليارد 587 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن 4 مىليارد 55 مىليون يۈەن كۆپەيدى؛ 3 مىليارد 850 مىليون يۈەنلىك ناچار مۈلۈكنى چىقىرىۋەتكەندە، تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 18 مىليارد 513 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 3 مىليارد 50 مىليون يۈەن كۆپەيدى؛ بانكا بويىچە 204 مىليون يۈەن ئەمەلىي پايدا يارىتىلدى.

خۇ يۈجېن

### كرېدىت باشقۇرۇش

قۇرۇلۇش بانكىسى ش ئۇ ئا ر شۆبىسى 1999 ـ يىلى كرېدىتنى راۋاجلاندۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنى ۋە تەدبىرىنى تەرتىپكە سېلىپ، ئەلا سۈپەتلىك قەرز پۇل بازىرى ماركېتىڭى پائالىيىتىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قانات يايدۇردى. شۆبە بانكىدا چوڭ مۇئامىلىدارلارنى باشقۇرۇش ھەيئىتى قۇرۇلۇپ، مۇئامىلىدار دىرېكتور تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. چوڭ كارخانىلار ئارا بانكا بىلەن كارخانا ھەمكارلىشىش كېلىشىمى ئىمزالىنىپ، بانكا بىلەن كارخانىنىڭ مۇناسىۋىتى قويۇقلاشتۇرۇلدى. يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن قەرز پۇل ئاساسەن نېفىت، تۆمۈريول، تېلېگراف، ئېلېكتر قۇۋۋىتى، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى كەسپى ۋە ئاساس مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى، تېخنىكا تەرەققىياتى، تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرلىرىگە بېرىلدى. كارخانا ئىسلاھاتىغا ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىلدى، دۆلەت كارخانىلىرىغا سېلىنىدىغان كرېدىت سېلىنمىسى يەنىمۇ زورايتىلدى. بىر يىلدا 10 مىليارد 195 مىليون يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلىپ، 7 مىليارد 361 مىليون يۈەن قەرز پۇل يىغىۋېلىندى، قەرز پۇل قالدۇقى يىل بېشىدىكىدىن 3 مىليارد

50 مىليون يۈەن كۆپەيدى.

خۇ يۈجېن

## ئۆي - زېمىن كرېدىت كەسپى

قۇرۇلۇش بانكىسى ش ئۇ ئا ر شۆبىسىنىڭ ئۆي - زېمىن كرېدىتى كەسپىدە 1999 - يىلى سىياسەت خاراكتېرلىك تۇرالغۇ ئۆي پۇل ئامانىتى ئاساسىدا، شەخسىي تۇرالغۇ ئۆي كرېدىتى كەسپى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇلۇپ، بازار نورمىسى يەنىمۇ كېڭەيتىلدى. بىر يىلدا ھاۋالە خاراكتېرلىك تۇرالغۇ ئۆي پۇل ئامانىتى قالدۇقى 4 مىليارد 97 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 680 مىليون يۈەن كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە تۇرالغۇ ئۆي جامائەت فوندى قالدۇقى 2 مىليارد 204 مىليون يۈەن، شەخسىي تۇرالغۇ ئۆي قەرز پۇلى يېڭىدىن 356 مىليون 480 مىڭ يۈەن كۆپىيىپ، قالدۇقى 617 مىليون 190 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

خۇ يۈجېن

## ھۆكۈمەت پۇل ئامانىتى ۋە مەبلەغ توپلاش

قۇرۇلۇش بانكىسى ش ئۇ ئا ر شۆبىسى 1999 - يىلى ماركېتىڭنى كېڭەيتىپ، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلار، قەرزى يوق ئورۇنلارنىڭ پۇل ئامانىتى ۋە تۈرلۈك فوندلارنى ۋاكالىتەن بېجىرىش كەسپىنى يولغا قويدى. كارخانىلارنىڭ پۇل ئامانىتى يېڭىدىن 2 مىليارد 256 مىليون يۈەن كۆپەيدى. پۇقرالار پۇل ئامانىتىدە تور - نۇقتىلارنىڭ سۈپەتلىك مۇلازىمەت قىلىشىنى ياخشى ئىشلەش ئاساسىدا، ئامانەت كارتىسى كەسپى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇلدى، بىر يىلدا يېڭىدىن 609 مىليون 200 پارچە ئامانەت كارتىسى تارقىتىلدى، كارتا سانى 847 مىڭ 800 پارچىگە يەتتى. كارتا ئالغانلار تەرەققىي قىلىپ ئاپتونوم رايوندىكى شەھەر، بازارلاردىكى كەسىپكارلار نوپۇسىنىڭ %41 ىگە يەتتى. ئامانەت كارتىسى ئارقىلىق مائاش تارقىتىش، مېمورىئال قىلىش، ھەق ئېلىش، پېرېۋوت قىلىش قاتارلىق 10 نەچچە تۈرلۈك ئىقتىدار جەھەتتە ئاپتونوم رايون بويىچە تورلاشتۇرۇلۇپ، بىر تۇتاش پېرېۋوت قىلىنىدىغان بولدى، پۇقرالار پۇل ئامانىتى يېڭىدىن 1 مىليارد 800 مىليون يۈەن كۆپەيدى.

خۇ يۈجېن

## خەلقئارا پۇل مۇئامىلە كەسپى

قۇرۇلۇش بانكىسى ش ئۇ ئا ر شۆبىسى تاشقى پېرېۋوت كەسپىنى 1999 - يىلى پائال راۋاجلاندۇردى. خەلق پۇلى بىلەن چەت ئەل پۇلىنى بىرلەشتۈرۈپ پائالىيەت قىلدۇرۇپ، خەلقئارا راسچوت ۋە تاشقى پېرېۋوتنى راسچوت قىلىش، سېتىش كەسپىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى. خەلقئارا راسچوت قىلىش مىقدارى 169 مىليون 470 مىڭ دوللارغا، راسچوت قىلىنغان ۋە سېتىلغان تاشقى پېرېۋوت 125 مىليون 620 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 15 مىليون 510 مىڭ دوللار كۆپەيدى. بىر يىلدا تاشقى پېرېۋوتتىن 718 مىڭ دوللار پايدا يارىتىلدى.

خۇ يۈجېن

## ۋاستىچىلىك كەسپى

1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، قۇرۇلۇش بانكىسى ش ئۇ ئا ر شۆبىسى ۋاكالىتەن بېجىرگەن تەرەققىيات بانكا تۈرى 59 غا، ۋاكالىتەن تارقاتقان قەرز پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 450 مىليون يۈەنگە يەتتى، شۇ يىلى ۋاكالىتەن تارقاتقان قەرز پۇل 3 مىليارد 780 مىليون يۈەن كۆپەيدى. ۋاكالىتەن بېجىرىلگەن مالىيە كەسپى ئومۇمىي سوممىسى 3 مىليارد 356 مىليون يۈەنگە يەتتى. شۆبە بانكا شۇ يىلى ۋاكالىتەن بېجىرگەن مالىيە ھاۋالە مەبلىغى 1 مىليارد 901 مىليون يۈەنگە يەتتى. قۇرۇلۇشنىڭ باھاسىنى تەكشۈرۈش كەسپىي مىقدارى 5 مىليارد 12 مىليون يۈەن ئورۇندالدى، جۇڭگو سۇغۇرتا شىركىتى، «ئامانلىق» سۇغۇرتا شىركىتى، «تىنچ ئوكيان» سۇغۇرتا شىركىتى بىلەن سۇغۇرتىنى ۋاكالىتەن بېجىرىش كېلىشىمى ئىمزالاندى، 53 ئاپپارات قوشۇمچە سۇغۇرتا ۋاكالەتچىسى سالاھىيىتىگە ئېرىشتى، 248 كىشى سۇغۇرتا ۋاكالەتچىسى سالاھىيەت كىنىشكىسى ئالدى.

خۇ يۈجېن

## ئېلېكترلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى

1999 - يىلى قۇرۇلۇش بانكىسى ش ئۇ ئا ر شۆبىسى ئۆزى ئېچىپ ئىشقا سالغان ئۇنىۋېرسال پۇكەي كەسپىي سىستېمىسىدا %80 تىجارەت ئاپپاراتى مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، 506 تور - نۇقتىنىڭ ھەممىسى شەھەر ئۇنىۋېرسال تورىغا كىرىپ ئىش بېجىرىدىغان بولدى. ئالدىنقى پۇكەي مەشغۇلاتى قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، ئۆز تەۋەلىكىدىكى بوغالتىرلىق سانلىق مەلۇمات ھېساباتىنى چوڭ مەركەزلەشتۈرۈش سۈرئىتى تېزلىتىلدى. «ئەجدىھا» كرېدىت كارتوچكىسى، پۇل ئامانەت كارتوچكىسى ئارقىلىق مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ئامانەت قويۇپ، بىر تۇتاش نەقلەشتۈرۈش، ئاپتونوم رايون بويىچە بارلىق ئامانەت تۈرلىرى بويىچە بىر تۇتاش ئامانەت قويۇپ، بىر تۇتاش نەقلەشتۈرۈش، ATM توردىن ھالقىپ بىر تۇتاش نەقلەشتۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. بانكا دوكۇمېنتىنى مېمورىئال قىلىش سىستېمىسى، ھەممىباب ۋاكالىتەن ھەق ئېلىش سىستېمىسى كەينى - كەينىدىن يولغا قويۇلدى ۋە ئىشقا سېلىندى. ۋاكالىتەن تۆلەپ بېرىش، تاپشۇرۇش، تاپشۇرۇۋېلىش، چەك قىلىش كەسپىنىڭ كېڭەيتىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش سىستېمىسى

بىخەتەر، مۇقىم ئىشلىدى، كۆپ ۋاستىلىك سوررۇشتە قىلىش ئاخىرقى ئۈچى، سوررۇشتە قىلىش POS، ئىشلىتىش POS، تېلېفون بانكىسى 1 - تۈركۈم مۇلازىمەت تورى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە ئومۇملاشتۇرۇلدى. تور قۇرۇلۇشى جەھەتتە، 4 ۋىلايەت، ئوبلاستىنىڭ سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق ئالاقىلىشىش تورى ئىشقا سېلىندى، تور قۇرۇلمىسى ۋە ئۇلاش ئەندىزىسى راۋانلاشتۇرۇلدى.

خۇ يۈجېن

## «شىندا» مەبلەغ باشقۇرۇش شىركىتى قۇرۇلدى

قۇرۇلۇش بانكىسى ش ئۇ ئا ر شۆبىسى 1999 - يىل 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى جۇڭگو «شىندا» مەبلەغ باشقۇرۇش شىركىتى ئۈرۈمچى ئىش باشقارمىسى قۇردى. ئەتراپلىق، ئەستايىدىل ئېنىقلاش ئارقىلىق، كرېدىت رەسمىيەتلىرى مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، يۇقىرىغا مەلۇم قىلىنىپ، تەكشۈرۈلۈپ، ش ئۇ ئا ر شۆبە بانكا بىلەن ئىش باشقارمىسى بىرلىكتە باش بانكىغا مەلۇم قىلىپ، 926 تۈر ئايرىۋېتىلدى، ئۇنىڭ سوممىسى 6 مىليارد 30 مىليون يۈەن. باش بانكا ئايرىۋېتىش شەرتىگە ۋە دائىرىسىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان 4 مىليارد 959 مىليون يۈەننى تەستىقلىدى، ناچار مەبلەغنى ئايرىۋېتىشتە ئەمەلىي تەستىقلانغان سان، شۆبە بانكا ئايرىۋېتىش توغرىسىدا يۇقىرىغا مەلۇم قىلغان ساننىڭ %82.25نى ئىگىلىدى. يىل ئاخىرىغىچە، شۆبە بانكىنىڭ باش بانكا تەكشۈرۈپ بېكىتكەن ناچار مەبلەغنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش كۆلىمى 4 مىليارد 177 مىليون يۈەنگە يەتتى.

خۇ يۈجېن

# قاتناش بانكىسى

### ئومۇمىي ئەھۋالى

قاتناش بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ خەلق پۇلى ۋە چەت ئەل پۇلى مەبلىغى 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 3 مىليارد 800 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىدىن %18.22 ئاشتى؛ خەلق پۇلى ۋە چەت ئەل پۇلى بويىچە تۈرلۈك ئامانەت پۇلى 3 مىليارد 390 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 500 مىليون يۈەن كۆپەيدى؛ خەلق پۇلى ۋە چەت ئەل پۇلى بويىچە تۈرلۈك قەرز پۇل 1 مىليارد 900 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 270 مىليون يۈەن كۆپەيدى؛ 100 مىڭ دانە كرېدىت كارتىسى تارقىتىلىپ، 1998 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىدىن 50 مىڭ دانە كۆپەيدى. خەلق پۇلى ۋە چەت ئەل پۇلىنىڭ ئۆسۈمسىز يىغىۋېلىش نىسبىتى %91.73كە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 0.58 پىرسەنت پوئىنتى ئۆستى. مەسىلە بار قەرز پۇل نىسبىتى %7 ئىچىدە تىزگىنلەندى. بىر يىلدا خەلق پۇلى، چەت ئەل پۇلى ھېسابىدىكى پايدا 48 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1. بازاردىكى ئورنى ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، ماركېتىڭنىڭ سالمىقى زورايتىلىپ، مۇئامىلىدارلار ئىستراتېگىيىسى يولغا قويۇلۇپ، بىر تۈركۈم سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئاساسىي مۇئامىلىدارلار مۇقىملاشتۇرۇلدى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلدى، پۇل ئامانىتىنىڭ ئاساسى پۇختىلىنىپ، تۈرلۈك پۇل ئامانىتىنىڭ مۇقىم ئېشىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى.

2. قەرز پۇل ماركېتىڭدا بازارنىڭ ئۆزگىرىشىگە ماسلىشىلىپ، ماركېتىڭنىڭ سالمىقى زورايتىلىپ، شىركەت پۇل مۇئامىلىسى كەسپى بىلەن خۇسۇسىيلار پۇل مۇئامىلە كەسپى خېلى زور تەرەققىي قىلدۇرۇلدى.

1) مەبلەغ مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، قاتناش، نېفىت، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى، تاشيول، پوچتا تېلېگراف قاتارلىق دۆلەت سىياسەت جەھەتتە نۇقتىلىق يۆلەيدىغان كەسىپلەر ئىچىدىن بىر تۈركۈم ئاساسىي مۇئامىلىدارلار يېتىشتۈرۈلۈپ، مەلۇم بازار ئۈلۈشى ئىگىلەندى.

2) بازار ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە قاتارلىق يېڭى گۈللەنگەن ساھەلەرگە پائال سىڭىپ كىرىپ، يېڭى ئىقتىسادىي ئېشىش نۇقتىسى ئۈستىدە ئىزدىنىپ ئىزدىنىلدى.

3) قەرز پۇل قەرەلى قۇرۇلمىسى مۇۋاپىقلاشتى. ئاكتىپ - پاسسىپنى باشقۇرۇش كۆرسەتكۈچىدە تەلەپ قىلىنغان دەرىجە ئىچىدە، بازار ئىستىقبالى ياخشى، دۆلەت سىياسەت جەھەتتە نۇقتىلىق يۆلەيدىغان ئاساسىي قەرز پۇل ئالغۇچى مۇئامىلىدارلارغا ئوتتۇرا مۇددەتلىك تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلى تارقىتىلدى، قەرز پۇل قۇرۇلمىسىدا ئوتتۇرا مۇددەتلىك تۇراقسىز مەبلەغ سالمىقى كۆپەيتىلىپ، قەرز پۇلنىڭ ئۈنۈمدارلىقى ۋە بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىندى.

4) خۇسۇسىيلارغا قارىتىلغان كەسىپنىڭ تەرەققىياتى پائال ئىلگىرى سۈرۈلدى. شەخسىي تۇرالغۇ ئۆي كېپىللىك قەرز پۇلى، شەخسىي تۇرالغۇ ئۆيلەرنى بېزەش قەرز پۇلى، چىدامىلىق ئىستېمال بۇيۇملىرى قەرز پۇلى قاتارلىق تۈرلەر ئارقا - ئارقىدىن يولغا قويۇلدى ھەم ئىستېمال كرېدىت قەرز پۇلنى باشقۇرۇش تەرتىپى ۋە ئالاقىدار تۈزۈم، چارىلەر تەدرىجىي ياخشىلاندى، كومپيۇتېرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە كرېدىت خادىملىرىنى كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەش تەشكىللەندى.

5) مەسىلە بار قەرز پۇللارنى ئېنىقلاپ يىغىۋېلىش ۋە

ئۆزگەرتىش سالمىقى زورايتىلدى. خەتەرلىك مەبلەغنى باشقۇرۇش باشقارمىسى قۇرۇلۇپ، تۈزۈلمە ئىسلاھاتى داۋامىدىكى قوشۇۋېتىش، ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش، قايتا تەشكىللەشكە دائىر ئۇچۇرلار ۋاقتىدا ئىگىلىنىپ، كاپىتالنىڭ سۈپەتلىك ھەرىكەتلىنىشى ۋە قايتا تەشكىللىنىشى ئارقىلىق، ناچار مەبلەغلەر پائال تۈگىتىلدى. شۆبە بانكا بىر يىلدا 30 مىليون 810 مىڭ يۈەن سۈپەتسىز مەبلەغنى ئۆزگەرتتى.

3. تاشقى پېرېۋوت ۋە كرېدىت كارتىسى قاتارلىق ۋاستىچىلىك كەسپلىرى مۇقىم راۋاجلاندى. 1999 - يىلى ئەمەلىي ئورۇندالغان خەلقئارا راسچوت 151 مىليون 750 مىڭ دوللارغا يېتىپ، تاشقى پېرېۋوت كەسپى ھېساباتىدا 15 مىليون 340 مىڭ يۈەن پايدا يارىتىلدى. كارتا ئارقىلىق ئامانەت قويۇش كەسپى، بانكا دوكۇمېنتىنى مېمورىئال قىلىش كەسپى، ۋاكالەتچىلىك كەسپى، ئۆز - ئۆزىگە ياردەم بېرىش كەسپلىرى بىرلەشتۈرۈلگەن مۇئامىلىدارلار مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش سىستېمىسى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتى، كرېدىت كارتىسى كەسپى خېلى زور دەرىجىدە راۋاجلاندى.

4. ئېلېكترونلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. يۇمشاق، قاتتىق دېتاللارنىڭ 2000 - يىل مەسىلىسى ھەل قىلىنىپ، كرېدىت كارتىسى، پۇقرالار ئامانىتى 2.0 نۇسخىسىنىڭ دەرىجىسىنى كۆتۈرۈپ، ئالماشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، بىر كارتا بىلەن ئۇتاشتۇرۇش (مەملىكەت بويىچە ئۇتاشتۇرۇش) ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، شۆبە بانكىنىڭ شەخسلەرگە قارىتىلغان كەسپىنى بىر تەرەپ قىلىش سىستېمىسى يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈلدى. كەسپىي تارماقلارغا ياردەملىشىپ كۆپ خىل ئەمەلىي تەرتىپنى يولغا قويۇش، ئىشقا سېلىش ۋە قوغداش ئىشى ئورۇندالدى.

شۆبە بانكا 1999 - يىلى مەركىزىي پۇل مۇئامىلە خىزمىتى كومىتېتى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش جەھەتتىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

سۇي جەنجۈن

# سۇغۇرتا

## جۇڭگو خەلق سۇغۇرتىسى

### جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

**كەسپىي جەھەتتىكى تەرەققىيات ئەھۋالى** جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ 1999 - يىلدىكى سۇغۇرتىلاش ھەققى كىرىمى 790 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %2.57 ئاشتى؛ تۈرلۈك تۆلەم دېلوسىدىن 124 مىڭ 465نى بىر تەرەپ قىلىپ، 418 مىليون 910 مىڭ يۈەن تۆلەم بەردى، ئۇنىۋېرسال تۆلەم بېرىش نىسبىتى %53.28 بولۇپ، 0.27 پىرسەنت پونكىتى تۆۋەنلىدى؛ سۇغۇرتىلاش ھەققى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كىشى بېشىغا 548 مىڭ 600 يۈەندىن توغرا كېلىپ، 69 مىليون 700 مىڭ يۈەن باج، پايدا يارىتىلدى.

**ئىگىلىك باشقۇرۇش ئەھۋالى** 1) نىشانلىق ئىگىلىك باشقۇرۇشنى سىناق قىلىش سالمىقى زورايتىلدى. جايلاردىكى شىركەتلەر ئۈنۈمنى ئالدىغا قويۇش، ئۆز ئارا ئېتىبار بېرىش، ئادىل بولۇشتىن ئىبارەت تەقسىمات پرىنسىپى بويىچە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، ئىش ئورنى كونتىراكتىنى مائاشنى سىناق قىلىپ، ئىش ئۈنۈمى بىلەن مائاشنى چېتىشنى يولغا قويدى. كەسىپ سۈپىتىنى ياخشىلاپ، ئايرىم شىركەتلەرنىڭ ئايرىم سۇغۇرتا تۈرلىرىگە چەك قويدى ۋە ئۇنى توختاتتى. سۇغۇرتىلاش، تۆلەم بېرىش سۈپىتىنى خېلى ئۆستۈردى. 2) قانۇن - قائىدىگە ئويغۇن تىجارەت قىلىندى. پۈتۈن سىستېما بويىچە بىر ئۇتاش قانۇنىي ئىگە تۈزۈمى رەسمىي يولغا قويۇلدى، ش ئۇ ئا ر شۆبە شىركەت ۋاقتىدا تىجارەت قىلىش ھوقۇقىنى يەنە ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى. 4 قارار خېيىمخەتەر بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى، كۇرسقا 400 ئىشچى - خىزمەتچى قاتناشتى. ھەل قىلغۇچ تەدبىر بەلگىلەش، نازارەتچىلىك، كەسپىي باشقۇرۇش چارىسى ۋە مەشغۇلات قائىدىسى قاتارلىق ئىچكى تىزگىنلەش تۈزۈملىرى ئورنىتىلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. 11 مۇپەتتىشلىك تۈرى ئورۇندىلىپ، 82 ھېسابات بىرلىكى ئورۇن ئۈستىدىن 435 تۈر (قېتىم) ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىندى. تەپتىشلىك قىلىنغان سومما 1 مىليارد 100 نەچچە مىليون يۈەنگە يەتتى. 3) سۇغۇرتىنى ۋاكالىتەن باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، ۋاكالەتچىلەر گۇۋاھنامىسىنى ئېلىپ، ئىش ئورنىغا چىقىش تۈزۈمى چىڭىتىلدى، ۋاكالەتچىلىك كەسپى قېلىپلاشتۇرۇلدى. 4) ئېلېكترونلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى تېزلىتىلدى، كەسپىي سانلىق مەلۇماتلارنى توپلاپ باشقۇرۇش يۇمشاق دېتالى ئىجاد قىلىنىپ، تورلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش تۈزۈمى ئورنىتىلدى، خىزمەتتىكى خادىملار تەربىيىلەندى. 5) مۇلازىمەت ئېڭى كۈچەيتىلدى، ئاپتوموبىل سۇغۇرتىسى بويىچە داڭلىق، ئەلا قۇرۇلۇش بەرپا قىلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، كونكرېت يولغا قويۇش لايىھىسى تۈزۈلدى، دېلو مەلۇم قىلىش چىراغلىق بەلگە ۋىۋىسكىلار ياسالدى، دېلو مەلۇم قىلىش تېلېفونى، چاقىرغۇ نومۇرى تەسىس قىلىندى، 24 سائەت دېلو مەلۇم قىلىش تۈزۈمى ئورنىتىلدى، تەكشۈرۈپ، تۆلەم بېرىش تۈزۈمى ۋە ئاپتوموبىل

زاپچاسلىرىنىڭ باھاسىنى مەلۇم قىلىش تۈزۈمى ئورنىتىلدى. ئۇقتىلىق رېمونت زاۋۇتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، زىياننى بېكىتىپ، تەكشۈرۈپ تۆلەپ بېرىش مەركىزى ۋە زىياننى بېكىتىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، مۇناسىپ نازارەت قىلىش ۋە چەكلەش مېخانىزمى ئورنىتىلدى.

يېزا ئىگىلىك سۇغۇرتىسى ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 121 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە، يېزا ئىگىلىك سۇغۇرتىسىنىڭ تۆلەم چىقىمى 77 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىيسال تۆلەم بېرىش نىسبىتى %11. 64 بولۇپ، 1998 - يىلىدىكىدىن 36. 18 پىرسەنت يۇقىرى تۆۋەنلىدى.

ئازات نىياز

## مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىدىكى چوڭ تۆلەم دېلوسى

1999 - يىلى 2 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى 2 - ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ ئايلىنىش تېزلىكى ئۆرلەپ، ماي سىستېمىسىغا ئوت كېتىپ، ئوت ئاساسىي سېخقا يامراپ، زىيان كەلتۈرۈپ چىقاردى، جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتى ش ئۇ ئا ر شۆبىسى 29 مىليون 250 مىڭ يۈەن تۆلەم بەردى. 4 - ئاينىڭ 7 - كۈنى مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى ئېتىلېن زاۋۇتىنىڭ مېتان گاز كومپرېسسورىنىڭ پورشىن ئوقى ئۈزۈلۈپ كېتىپ، كومپرېسسورنى بۇزۇۋەتتى، خەلق سۇغۇرتا شىركىتى ئۇلارغا 3 مىليون 350 مىڭ يۈەن تۆلەم بەردى. 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى بايىنغولىن تاغ ئېغىزى ئېلېكتر ئىستانسىسى ئۇدا 3 قېتىم كەلكۈننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، خەلق سۇغۇرتا شىركىتى ئۇلارغا 1 مىليون 600 مىڭ يۈەن تۆلەم بەردى. 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى 2 - ماي ئايرىش زاۋۇتىنىڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا ئىسسىقلىق چىقىرىش ئۇچىقىنىڭ ئىسسىقلىق چىقىرىش تورۇبىسى يېرىلىپ كەتتى، خەلق سۇغۇرتا شىركىتى 1 مىليون 200 مىڭ يۈەن تۆلەم بەردى.

ئازات نىياز

## يېزا ئىگىلىك سۇغۇرتىسىدىكى چوڭ تۆلەم دېلوسى

1999 - يىلى 7 - ئايدا شايار ناھىيىسىنىڭ يېزا، مەيدانلىرىنىڭ كېۋىزى كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچرىدى، جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتى ش ئۇ ئا ر شۆبىسى ئۇلارغا 6 مىليون يۈەن تۆلەم بەردى. 4 - ئايدىن 8 - ئايغىچە ساۋەن ناھىيىسىنىڭ يېزا - بازارلىرىنىڭ كېۋىزى ئۇدا 4 قېتىم ئالاھىدە زور كەلكۈن ۋە ئۆششۈك ئاپىتىگە ئۇچرىدى، خەلق سۇغۇرتا شىركىتى ئۇلارغا 4 مىليون 670 مىڭ يۈەن تۆلەم بەردى. 4 -، 5 - ئايلاردا لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ يېزا - بازارلىرىنىڭ كېۋىزى ئۇدا 8 بال بوران ئاپىتىگە ئۇچرىدى، خەلق سۇغۇرتا شىركىتى ئۇلارغا 2 مىليون 480 مىڭ يۈەن تۆلەم بەردى. 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئاۋات ناھىيىسىنىڭ يېزا، مەيدانلىرىنىڭ كېۋىزى قىرو، ئۆششۈك ئاپىتىگە ئۇچرىدى، خەلق سۇغۇرتا شىركىتى ئۇلارغا 2 مىليون 370 مىڭ يۈەن تۆلەم بەردى. 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى كونسۇ ناھىيىسىنىڭ يېزا، مەيدانلىرىنىڭ كېۋىزى بوران، مۆلدۈر، قىرو، ئۆششۈك ئاپىتىگە ئۇچرىدى، خەلق سۇغۇرتا شىركىتى ئۇلارغا 2 مىليون 200 مىڭ يۈەن تۆلەم بەردى. 4.، 5. ئايلاردا مەكىت ناھىيىسىنىڭ يېزا، بازارلىرىدىكى كېۋەزلەر ئۇدا 8 — 10 بال بورال ئاپىتىگە ئۇچرىدى، خەلق سۇغۇرتا شىركىتى ئۇلارغا 2 مىليون 110 مىڭ يۈەن تۆلەم بەردى. 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى يەكەن ناھىيىسىنىڭ يېزا، بازارلىرىدىكى كېۋەز، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى قۇم - توزان ۋە توپا يېغىنى ئاپىتىگە ئۇچرىدى، خەلق سۇغۇرتا شىركىتى ئۇلارغا 1 مىليون 990 مىڭ يۈەن تۆلەم بەردى. 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى بۈگۈر ناھىيىسىنىڭ يېزا، مەيدانلىرىنىڭ كېۋىزى بوران، قىرو، ئۆششۈك ئاپىتىگە ئۇچرىدى، خەلق سۇغۇرتا شىركىتى 1 مىليون 650 مىڭ يۈەن تۆلەم بەردى.

ئازات نىياز

## جۇڭگو ئۆمۈر سۇغۇرتىسى شىركىتى ش ئۇ ئا ر شۆبىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

كەسپىي جەھەتتىكى تەرەققىيات ئەھۋالى جۇڭگو ئۆمۈر سۇغۇرتىسى شىركىتى ش ئۇ ئا ر شۆبىسىنىڭ 1999 - يىلىدىكى سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 988 مىليون يۈەنگە يەتتى، 5 مىليون 760 مىڭ ئادەم (قېتىم) سۇغۇرتىلاندى، 86 مىليارد 100 مىليون يۈەن خېيىمخەتەر كاپالەت سوممىسىنى ئۈستىگە ئالدى، تۈرلۈك چىقىملار ئۈچۈن 211 مىليون يۈەن چىقىم قىلدى، چىقىم قىلىش نىسبىتى %36. 21كە، پايدىسى 32 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە سۇغۇرتا ھەققى 1 مىليون 555 مىڭ 400 يۈەنگە يەتتى.

ئىسلاھات ئەھۋالى 1) شەخسىي ۋاكالەتچىلىك ماركېتىنىڭ مېخانىزمى پائال كىرگۈزۈلۈپ يولغا قويۇلدى. 2) تۈر، دەرىجە بويىچە ھوقۇق بېرىش تىجارەت نەتىجىسى، ئۆلچىمىنى سىناق قىلىش ۋە مالىيە خام چوتى تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. 3) ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىلەن ئەمگەك توختامى تۈزۈش تۈزۈمى، رەھبەرىي كادىرلارنى تەكلىپ قىلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. 4) قانۇنىي ئىگىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش،

ھوقۇق بېرىپ تىجارەت قىلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

ئىگىلىك باشقۇرۇش ئەھۋالى 1) بىر دەرىجىلىك قانۇنىي ئىگە باشقۇرۇش قۇرۇلمىسى بويىچە، بىر دەرىجىلىك ھېساپات قىلىش، دەرىجىگە ئايرىپ باشقۇرۇش، دەرىجە بويىچە تەكشۈرۈش تىجارەت ئەندىزىسى يولغا قويۇلۇپ، تەدرىجىي ھالدا خەلقئارا ئۆمۈر سۇغۇرتىسى تىجارىتىنى باشقۇرۇش يولىغا چۈشۈرۈلدى. 2) كەسپىي جەھەتتە، بەلگىلىمىلەر ۋە ھەق ئېلىش نىسبىتى، ئەمەلىي ئىشلار ۋە ھۆججەتلەر بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق سۇغۇرتا شۆبە شىركەتلىرى كەسپىي مەركەز مالىيە مەركىزى قۇرۇپ، تەكشۈرۈپ سۇغۇرتىلاش، تەكشۈرۈپ تۆلەم بېرىش تۈزۈمىنى تەدرىجىي مۇكەممەللەشتۈردى. 3) مالىيە باشقۇرۇشتا تىجارەت مەبلىغى سوممىسى چېكى تەكشۈرۈپ بېكىتىلىپ، مەبلەغ باش شىركەت بىلەن شۆبە شىركەتكە مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، بىر تۇتاش باشقۇرۇلۇپ ۋە ئىشلىتىلىپ، مەبلەغنىڭ پايدا نىسبىتى ئۆستۈرۈلدى. يېڭى مالىيە بوغالتىرلىق يۇمشاق دېتالى ئومۇملاشتۇرۇلدى ۋە قوللىنىلدى. سۇغۇرتا ھەققىنى بانكا ۋاكالىتەن يىغىپ، ۋاكالىتەن تاپشۇرۇش چارىسى ئۈستىدە ئىزدىنىلدى. 4) ۋاكالەتچىنى باشقۇرۇشتا، سۇغۇرتا شىركەتلىرى ۋاكالەتچىلىك مېخانىزمىنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيىتىگە ئاساسىي جەھەتتىن رىئايە قىلىپ، پايدىغا قاراپ ھەرىكەت قىلىش، ياخشىلىرىنى تاللاپ، ناچارلىرىنى شاللاپ باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئورناتتى.

ئازات نىياز

# تىنچ ئوكيان سۇغۇرتا شىركىتى

## جۇڭگو تىنچ ئوكيان سۇغۇرتا شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

تىنچ ئوكيان سۇغۇرتا شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ 1999 - يىلدىكى تۈرلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 158 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 39 مىليون 270 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 119 مىليون 710 مىڭ يۈەن، بىر يىلدىكى ھەرخىل تۆلەم چىقىمى 18 مىليون 767 مىڭ 100 يۈەن بولدى، ئومۇميىللىق تۆلەم بېرىش نىسبىتى 47.79% بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 3.6 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى، يىغىلىشقا تېگىشلىك سۇغۇرتا ھەققى نىسبىتى يىل بېشىدىكى پىلاندىن 1.89 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى. يىللىق پايدا پىلانى 203.9% ئورۇندالدى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ پايدا پىلانى 203.47%، جىسمانىي كۆڭۈلمىگەن خېيىمخەتەر سۇغۇرتىسىنىڭ پايدا پىلانى 205.52% ئورۇندىلىپ، خېلى ياخشى ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

1999 - يىلى شىركەت جۇڭگو سۇغۇرتا نازارەتچىلىكى كومىتېتى بىلەن باش شىركەتنىڭ تۈرلۈك بەلگىلىمىلىرىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، 1998 - يىللىق تۈزەش، تەرتىپكە سېلىش ئاساسىدا، تۈرلۈك ئىسلاھاتلارنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، مۇلازىمەت سەۋىيىسىنى تىرىشىپ ئۆستۈردى، قائىدە بويىچە تىجارەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، خېيىمخەتەرنى قاتتىق تىزگىنلەپ، بازارنى پائال كېڭەيتىپ، مۇقىم تەرەققىياتنى ساقلىدى؛ ئىشنى خېيىمخەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پەسەيتىشتىن باشلاپ، ئىچكى قىسمىدىكى باشقۇرۇش ۋە تىزگىنلەش مېخانىزمى قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتتى؛ مۇئامىلىدارلارغا مۇلازىمەت قىلىشنى كۈچەيتىپ، شىركەت ئەخلاقىنى تۇرغۇزۇپ، شىركەتنىڭ ئىناۋىتىنى ئۆستۈردى، كەسپىي جەھەتتىكى تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەر قايسى خىزمەتلەردە روشەن ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

ۋاڭ جۇچىڭ

### زور تۆلەم بېرىش دېلولىرى

1999 - يىل 1 - ئاينىڭ 11 - كۈنى سۇغۇرتىلانغۇچى لىيۇ شيەنخەينىڭ نەپ ئالغۇچىسى جۇڭگو تىنچ ئوكيان سۇغۇرتا شىركىتى ئۈرۈمچى شىركىتى بەرگەن 100 مىڭ يۈەن سۇغۇرتا سوممىسىغا ئېرىشتى. لىيۇ شيەنخەي 1998 - يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى 5 نۇسخا «لاۋلەيفۇ» (98) ئۆمۈرلۈك ئۆمۈر سۇغۇرتىسىغا قاتنىشىپ، 50 مىڭ يۈەن سۇغۇرتا سوممىسى تاپشۇرغان، 1998 - يىل 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئاپتوموبىل ھادىسىسى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن، سۇغۇرتا توختامىغا ئاساسەن، 2 ھەسسە سۇغۇرتا سوممىسى بېرىلدى.

5 - ئاينىڭ 17 - كۈنى جۇڭگو تىنچ ئوكيان سۇغۇرتا شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسى غەربىي شىمال ئاپتوموبىل زاۋۇتىغا 242 مىڭ يۈەن ئاپتوموبىل سۇغۇرتا سوممىسى بەردى. بۇ زاۋۇتنىڭ 新 A — 08331 نومۇرلۇق ئاپتوموبىلى 1998 - يىل 10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى «312» دۆلەت يولىدا ئاغدۇرۇلۇپ كېتىپ، 20 تونna ماي ئېقىپ كەتكەندىن كېيىن ئوت كەتكەن، سۇغۇرتىلانغان ئاپتوموبىل كۆيۈپ كاردىن چىققان، ئەتراپتىكى دەل - دەرەخ، ئېلان تاختىسى، ستولبا، ئېلېكتر كابېلى ۋە تاشيولنىڭ يۈزى كۆيۈپ كېتىپ 400 نەچچە مىڭ يۈەنلىك بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان بولغان.

7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى «شىنتيەن» خەلقئارا پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ خىزمەت بىناسىدا سۇ تۇرۇبىسى يېرىلىپ كېتىپ، بىنانى سۇ بېسىپ كەتكەن، يەر ئاستى ئۆيىدىكى ئۈسكۈنىلەر ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغان. كارخانىنىڭ

ئىشلەپچىقىرىشنى تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، ئاپەتتىن كېيىن، جۇڭگو تىنچ ئوكيان سۇغۇرتا شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسى ئالدىن 200 مىڭ يۈەن تۆلەم پۇلى بېرىپ تۇردى، 12 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى يەنە بۇ شىركەتكە 258 مىڭ يۈەن تۆلەم پۇلى بەردى، جەمئىي 458 مىڭ يۈەن تۆلەپ بەردى.

7 ـ، 8 ـ ئايلاردا جەنۇبىي شىنجاڭدا كەينى ـ كەينىدىن كەلكۈن ئاپىتى يۈز بېرىپ، شىنجاڭ يۇقىرى دەرىجىلىك تاشيول باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ يول تورى تۈرلىرىنى كۆپ قېتىم كەلكۈن بۇزۇۋېتىپ، يول ئۇلى، ئۆستەڭلەر، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى زىيانغا ئۇچرىدى، جۇڭگو تىنچ ئوكيان سۇغۇرتا شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسى 470 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق تۆلەم بەردى.

10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قاتناش بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ 36476 — A 新 نومۇرلۇق ئاپتوموبىلى دۆلەت يولى «216» لىنىيىسىدە ئاغدۇرۇلۇپ كېتىپ كاردىن چىقتى، بىر ئادەم ئۆلدى. 10 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى جۇڭگو تىنچ ئوكيان سۇغۇرتا شىركىتى 234 مىڭ يۈەن تۆلەم بەردى.

جۇڭگو تىنچ ئوكيان سۇغۇرتا شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسى 10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى شىنجاڭ يولۇچى توشۇش شىركىتىگە 276 مىڭ يۈەن ئاپتوموبىل سۇغۇرتا سوممىسى تۆلەپ بەردى. بۇ شىركەتنىڭ 23885 — A 新 نومۇرلۇق ئاپتوموبىلى 1997 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى «314» دۆلەت يولىنىڭ 350 كىلومېتىرلىق جايىدا سوقۇلۇپ كېتىپ، 3 ئادەم ئۆلۈش، 2 ئادەم يارىدار بولۇش، 2 ئاپتوموبىل ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلۇشتەك ئالاھىدە چوڭ قاتناش ۋەقەسى سادىر بولغان.

10ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى جۇڭگو تىنچ ئوكيان سۇغۇرتا شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسى سۇغۇرتىلانغۇچى مالىياڭنىڭ تۇققانلىرىغا 100 مىڭ يۈەن ئۆلۈم سۇغۇرتا سوممىسى تۆلەپ بەردى. مالىياڭ 1997 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تىنچ ئوكيان سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ «لاۋلەيغۇ» ئۆمۈرلۈك ئۆمۈر سۇغۇرتىسىغا 5 نۇسخا سۇغۇرتىلىنىپ، 50 مىڭ يۈەن سۇغۇرتا ھەققى تۆلىگەن. 1999 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى مالىياڭ ئاپتوموبىل ۋەقەسى بىلەن بەختكە قارشى ئۆلۈپ كەتكەن، سۇغۇرتا توختامىغا ئاساسەن ئۇنىڭ باللىرىغا 2 ھەسسە تۆلەم بېرىلدى.

12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست» پولات تۆمۈر چەكلىك شىركىتى ئېلېكتىر سايمىنىدىن چاتاق چىقىپ، ئېلېكتىر يايلىق پېچقا ئوت كېتىپ، ئۈسكۈنىلەر زىيانغا ئۇچرىدى، جۇڭگو تىنچ ئوكيان سۇغۇرتا شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسى 326 مىڭ يۈەن تۆلەم بەردى.

ۋاڭ جۇچىڭ

## ئامانلىق سۇغۇرتا شىركىتى

### جۇڭگو ئامانلىق سۇغۇرتا پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

جۇڭگو ئامانلىق سۇغۇرتا پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسى مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى قارمىقىدا 4 تارماق شىركەت (بۇنىڭ ئىچىدە، غۇلجا، سانجى تارماق شىركەتلىرى 1998 ـ يىل 8 ـ ئايدا ئىش باشلىغان، تۇرپان ۋە بايىنغولىندىكى تارماق شىركەتلەر ئىش باشلاش ئالدىدا تۇرماقتا)، 12 باشقۇرۇش تارمىقى، 5 تىجارەت ئورنى تەسىس قىلدى. ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 1500 دىن ئاشتى (ئۆمۈر سۇغۇرتىسى شەخسىي ۋاكالەتچىلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى، جىسمانىي سۇغۇرتا، كرېدىت سۇغۇرتىسى، مەسئۇلىيەت سۇغۇرتىسى قاتارلىق 100 دىن ئارتۇق سۇغۇرتا تۈرىنى يولغا قويدى. 1999 ـ يىلى سۇغۇرتىلاش سوممىسى 20 مىليارد يۈەندىن ئاشتى، سۇغۇرتا كەسپىي كىرىمى 185 مىليون يۈەنگە يەتتى.

جاڭ پېڭ

### مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى كەسپى

ئامانلىق سۇغۇرتا شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسى تەكشۈرۈپ سۇغۇرتىلاش، تەكشۈرۈپ تۆلەم بېرىش، سېتىپ چىقىرىشنى باشقۇرۇش مەركىزى قۇرۇپ، ئىلمىي، مۇۋاپىق بولغان KPI سىناق سىستېمىسىنى كېڭەيتىپ، مۇقىم، ساغلام تىجارەت قىلىش، ئۈنۈمنى گەۋدىلەندۈرۈش ئالاھىدىلىكىنى ساقلىدى.

سېتىپ چىقىرىش تۈزۈمى ئىسلاھاتى داۋامىدا، سىناق قىلىشنى كۈچەيتىپ، تېز، ئەترەتلەرگە كەسىپنى كېڭەيتىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ئۈنۈمنى ئۆستۈردى. تۆلەمنى بېجىرىش مۇلازىمىتىدە بىشىل يولنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ۋە قۇرۇپ، 2000 يۈەندىن تۆۋەن تۆلەم بېرىدىغان پۈكەيلەر دەرھال چىقىم قىلىدىغان، پۈكەي شەكلىدىكى مۇلازىمەتنى يولغا قويدى. 1999 ـ يىلى سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى يىللىق پىلانى %103.3 ئورۇندالدى، بىر يىلدا 6598 قېتىملىق تۆلەم دېلوسى بىر تەرەپ قىلىنىپ، 11 مىليون 120 مىڭ يۈەن تۆلەم پۇلى چىقىم قىلىندى. تۈرلۈك سىناق كۆرسەتكۈچلىرى سىستېما بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇردى.

جاڭ پېڭ

## جۇڭگو ئامانلىق سۇغۇرتا شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسى (ئۆمۈر سۇغۇرتىسى) نىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

ئامانلىق سۇغۇرتا شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسى (ئۆمۈر سۇغۇرتىسى) نىڭ 1999-يىلدىكى سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 151 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1998-يىلدىكىدىن 55.23% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەخسىي سۇغۇرتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 57 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە، كوللېكتىپ سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 22 مىليون 52 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1999-يىلى ئۇنىۋېرسال تىجارەت كۆرسەتكۈچى ئىزچىل تۈردە ئامانلىق سۇغۇرتا سىستېمىسىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى 12 ئاپپاراتى ئىچىدە ئالدىنقى 2-ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى.

1999-يىلى شىركەت ئىشىنى ئاساسىي باشقۇرۇشتىن باشلاپ تۇتۇپ، باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، كەسپىي نەتىجىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، قائىدە بويىچە تىجارەت قىلىش، مۇقىم، ساغلام راۋاجلاندۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. باش دىرېكتور بۆلۈمى قەرەللىك خىزمەت يىغىنى، تارماق دىرېكتورى ھەيئىتىنىڭ ئايلىق قەرەللىك يىغىنى ۋە تارماقلارنىڭ ھەپتىلىك قەرەللىك يىغىنى تۈزۈملىرىنى ئورنىتىپ، يىغىن قارارىنى ئىز قوغلاپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى كۈچەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە، شۆبە شىركەتلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان قاتلاملىرىنىڭ KPI (ئۇنىۋېرسال تىجارەت كۆرسەتكۈچى) نى ئانالىز قىلىش دوكلاتى تۈزۈمىنى ئورناتتى، بولۇپمۇ ئاساسىي قاتلام تىجارەت بۆلۈمى، تىجارەت گۇرۇپپىلىرىنىڭ ئاساس باشقۇرۇش قوشۇمچە سايمانلىرىدىن پايدىلىنىشنى كۈچەيتتى. شىركەت ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇشنى، كەسپىي بىلىملەر بويىچە ئومۇملاشتۇرۇپ تەربىيىلەشنى كۈچەيتىپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەردىن ئوقۇش تارىخىنى يۇقىرى كۆتۈرگەنلەرنى مۇكاپاتلاش تۈزۈمىنى ئورناتتى. شىركەتنىڭ باشقۇرغۇچى خادىملىرىنىڭ 95% تىن كۆپرەكى ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى ئوقۇش تارىخىغا، 15%تىن كۆپرەكى تولۇق كۇرستىن يۇقىرى ئوقۇش تارىخىغا ئىگە بولدى.

لياڭ ۋېنخۇڭ

## زور تۆلەم دېلولىرى

23 ياشلىق شۈلى 1998-يىل 5-ئايدا 2 ياشلىق بالىسىنى ئامانلىق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ 2 نۇسخا باللار سۇغۇرتىسىغا قاتناشتۇرغان، 1999-يىل 2-ئايدا شۈلى راك كېسىلى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن. ئامانلىق سۇغۇرتا شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسى (ئۆمۈر سۇغۇرتىسى) شۈلىنىڭ بالىسىنىڭ سۇغۇرتا ھەققىنى كەچۈرۈم قىلدى، يەنى شۈلىنىڭ ئوغلىنىڭ ئېشىپ قالغان 9000 يۈەن سۇغۇرتا ھەققىنى ئامانلىق سۇغۇرتا شىركىتى تاپشۇرۇپ ئالىدىغان، بالا ئامانلىق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ قەرەلى توشقاندا بېرىدىغان پۇلى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى خىراجىتى، ئالىي مەكتەپ مائارىپى خىراجىتى، نىكاھلىنىش خىراجىتى، ياشانغاندا كۈتۈنۈش خىراجىتىدىن تاكى ئۆلۈپ كەتكىچە 400 مىڭ يۈەن خىراجەتتىن داۋاملىق بەھرىمەن بولىدىغان بولدى.

1999-يىل 4-ئايدا 43 ياشلىق داڭ شۆمبې سول ئەمچەك بېزى راكىغا گىرىپتار بولۇپ، ھاۋا ئارمىيىسى دوختۇرخانىسىدا خىمىيىلىك ئۇسۇلدا داۋالانغان، ئۇ ئامانلىق سۇغۇرتا شىركىتىدە ئېغىر كېسەل سۇغۇرتىسىغا قاتنىشىپ، 700 يۈەندىن ئارتۇق پۇل تاپشۇرغان. ئامانلىق سۇغۇرتىسى ئۇنىڭغا 50 مىڭ يۈەن تۆلەم بەردى.

1999-يىل 4-ئايدا «تەڭرىتاغ» خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ خىزمەتچىسى گوجۇنخۇي جىگەر راكى بىلەن ئۆلۈپ كەتتى، ئامانلىق سۇغۇرتا شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسى (ئۆمۈر سۇغۇرتىسى) ئۇنىڭغا ئامانلىق-ساغلاملىق سۇغۇرتىسى بويىچە 21 مىڭ 596 يۈەن ئۆلۈم سۇغۇرتا سوممىسى ۋە 2230 يۈەن راك كېسىلى قوشۇمچە ياردەم پۇلى، 10 مىڭ يۈەن ئېغىر كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كېتىش سۇغۇرتا سوممىسى بەردى.

1999-يىل 6-ئايدا ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىدىكى شيې رۇي ئاپتوموبىل ۋەقەسى بىلەن ئۆلۈپ كەتتى، ئۇ ھايات ۋاقتىدا ئامانلىق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ ئامانلىق «كاڭتەي» سۇغۇرتىسىغا سۇغۇرتىلانغان، ئامانلىق سۇغۇرتىسى ئۇنىڭغا 40 مىڭ يۈەن تۆلەم بەردى.

52 ياشلىق جاۋ شۇفاڭ 1998-يىل 6-ئايدا ئامانلىق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ ئامانلىق ئۇزۇن ئۆمۈر سۇغۇرتىسىغا سۇغۇرتىلانغان، 5000 يۈەندىن ئارتۇق سۇغۇرتا ھەققى تاپشۇرغان، 1999-يىل 5-ئايدا تۇيۇقسىز مېڭە قان تومۇرى توسۇلۇش كېسىلى بىلەن ئۆيىدە ئۆلۈپ كەتكەن، ئامانلىق سۇغۇرتا شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسى (ئۆمۈر سۇغۇرتىسى) ئۇنىڭغا 30 مىڭ يۈەن تۆلەم بەردى.

26 ياشلىق جۇخېيخۇا يىگىتى بىلەن تويغا تەييارلىق قىلىۋاتقان مەزگىلدە، 1999-يىل 6-ئاينىڭ 24-كۈنى قۇتۇبى ناھىيىسىدە بەختكە قارشى قاتناش ۋەقەسى بىلەن ئەر-خوتۇن تەڭلا ئۆلۈپ كەتكەن. ئۇ، 1998-يىل 11-ئايدا ئامانلىق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ ئامانلىق «خۇلىنمېن» سۇغۇرتىسىغا 20 مىڭ يۈەن، كۆتۈلمىگەن جىسمانىي خېيىمخەتەر سۇغۇرتىسىغا 20 مىڭ يۈەن قوشۇمچە قەرەللىك

سوغۇرتىغا 10 مىڭ يۈەن تۆلەپ سوغۇرتىلانغان، ئامانلىق سوغۇرتا شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسى (ئۆمۈر سوغۇرتىسى) ئۇنىڭغا 61 مىڭ 506 يۈەن تۆلەم بەردى.

لياڭ ۋېنخۇڭ

# ئاكسىيە

## ئۈرۈمچى ئاكسىيىنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش خاس ۋەكىلى ئىش باشقارمىسى

ئۈرۈمچى ئاكسىيىنى نازارەت قىلىش باشقۇرۇش خاس ۋەكىلى ئىش باشقارمىسى جۇڭگو ئاكسىيىنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش جەمئىيىتى تەكشۈرۈپ قوبۇل قىلغان، ئاپتونوم رايون ۋە بىڭتۇەننىڭ 2 ئاكسىيە باشقۇرۇش سابىق ئىشخانىسىنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق تەشكىللىگەن ئورۇن بولۇپ، 1999 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى رەسمىي ۋىۋىسكا ئېسىپ ئىش باشلىدى. بىر يىلدىن بۇيان بۇ باشقارما جۇڭگو ئاكسىيىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە «قانۇن ئارقىلىق چەكلەش، نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش، ئۆز - ئۆزىنى ئىدارە قىلىش، قېلىپلاشتۇرۇش» فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، قانۇن بويىچە نازارەت قىلىپ، باشقۇرۇپ، ئاپتونوم رايون ئاكسىيە بازىرىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

خې جيې

## قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش

پاينى بازارغا سالغان شىركەتلەرنى نازارەت قىلىپ، باشقۇرۇش ئۈرۈمچى ئاكسىيىنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش خاس ۋەكىلى باشقارمىسى پاينى بازارغا سالغان شىركەتلەرنى سەييارە تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈش ۋە قېلىپلاشتۇرۇپ يېتەكچىلىك قىلىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلىدى. 1999 - يىلى «بەيخۇاسۇن»، «تەڭرىتاغ» توقۇمىچىلىق زاۋۇتى، «دوستلۇق» گۇرۇھى قاتارلىق پاينى بازارغا سالغان شىركەتلەر سەييارە تەكشۈرۈلدى، جۇڭگو ئاكسىيىنى نازارەت قىلىش جەمئىيىتىگە ماسلىشىپ، شىنجاڭ «تيەنيې» كەسپىي شىركىتى نۇقتىلىق ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى ھەم «دوستلۇق» گۇرۇھى، «تەڭرىتاغ» توقۇمىچىلىق زاۋۇتى، «بەيخۇاسۇن»، شىنجاڭ «تيەنيې» كەسپىي شىركەتلىرىنىڭ تەرتىپكە سېلىش، ئىسلاھ قىلىش تەدبىرلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالى قايتا تەكشۈرۈلدى. پاينى بازارغا سالغان شىركەتلەر ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدا دۇچ كەلگەن زور مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىنىپ، پاينى بازارغا سالغان شىركەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى قېلىپلاشتۇرۇش سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، بازار خېيىمخەتىرىنىڭ ئالدى ئېلىندى ۋە پەسەيتىلدى.

پاينى بازارغا سالغان شىركەتلەرنى نازارەت قىلىش سالمىقى كۈچەيتىلدى، پاينى تەكشۈرۈپ ۋە ئۇچۇرنى ئاشكارىلاش، ئارقىدىن تەكشۈرۈش خىزمىتى چىڭىتىلدى. قۇلماق شىركىتىنىڭ 1998 - يىلى مەلۇم قىلغان پايدا ئەھۋالى تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى ھەم تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالى ۋە بىر تەرەپ قىلىش پىكرى ئاكسىيىنى نازارەت قىلىش جەمئىيىتىگە مەلۇم قىلىندى. ئۇلارنىڭ ئاشكارىلىغان ئۇچۇرىنىڭ ئەمەلىي بولمىغانلىق مەسىلىسى ئىچكى جەھەتتە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەنقىد قىلىپ بىر تەرەپ قىلىندى. «خۇيتوڭ» سۇچىلىق شىركىتى، «شىنتيەن» خەلقئارا شىركىتى، شىنجاڭ «تۇنخې» شىركىتى، قۇلماق شىركىتى، «خۇڭيۈەن» ھاۋالە شىركەتلىرىنىڭ پاي نورمىسىغا دائىر ماتېرىياللىرى تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە «خۇيتوڭ» سۇچىلىق شىركىتى، «شىنتيەن» خەلقئارا شىركىتىنىڭ پاي نورمىسى مۇشۇ يىل ئىچىدە ئورۇندالغان؛ قۇلماق شىركىتى، «تەڭرىتاغ» پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ چوڭ پايچىكلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى قائىدە بويىچە تەكشۈرۈلدى.

پاينى بازارغا سالغان شىركەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئانالىز قىلىش كۈچەيتىلدى. پاينى بازارغا سالغان شىركەتلەرنىڭ 1998 - يىلدىكى يىللىق مەلۇماتى ۋە 1999 - يىلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەلۇماتىدا ئاشكارىلانغان ئەھۋالغا ئاساسەن، ئادەم تەشكىللىنىپ، تەۋە رايوندىكى پاينى بازارغا سالغان شىركەتلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى 2 قېتىم ئومۇملاشتۇرۇپ ئانالىز قىلىنىپ، «شىنجاڭدىكى 1998 - يىلى پاينى بازارغا سالغان شىركەتلەرنىڭ تىجارەت ئەھۋالىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئانالىز قىلىش دوكلاتى» ۋە «شىنجاڭدىكى 1999 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا پاينى بازارغا سالغان شىركەتلەرنىڭ تىجارەت ئەھۋالى» يېزىپ چىقىلدى ھەم ۋاقتىدا ئاكسىيىنى نازارەت قىلىش جەمئىيىتىگە دوكلات قىلىندى، پاينى بازارغا سالغان شىركەتلەرگە ئۇقتۇرۇش قىلىندى.

ئاكسىيە (قەرەللىك مال) تىجارەت ئاپپاراتلىرىنى نازارەت قىلىپ، باشقۇرۇش كومپيۇتېرنىڭ 2000 - يىل مەسىلىسى ھەل قىلىندى. تەۋە رايوندىكى ئاكسىيە، قەرەللىك مال تىجارەت ئاپپاراتلىرى 6 قېتىم مەملىكەت بويىچە تورلاشتۇرۇشنى تەقلىدىي سىناق قىلىش ۋە بىر قېتىم جىددىي ئەھۋالغا ئۇيغۇنلىشىش مانېۋىرىغا قاتناشتۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايوندىكى تىجارەت ئاپپاراتلىرىنىڭ 2000 - يىلغا ئوڭۇشلۇق كىرىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى.

ئاكسىيە تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاپپاراتلار ئېنىقلىنىپ، تەرتىپكە سېلىندى ۋە تەكشۈرۈلدى، تەۋەلىكتىكى 24 تىجارەت بۆلۈمى نەق مەيداندا تەكشۈرۈلدى، شۇنىڭ بىلەن تەڭلا يازما ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ ۋە پىلاستىنكىغا ئېلىنىپ 2 يۈرۈش ئاساس ماتېرىيال شەكىللەندۈرۈلدى. تىجارەت ئاپپاراتلىرىنى يىللىق تەكشۈرۈش، گۇۋاھنامىسىنى ئالماشتۇرۇش خىزمىتى ئورۇندالدى. ئاكسىيىنى نازارەت قىلىش جەمئىيىتىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، تەۋەلىكتىكى ئاكسىيە تىجارىتى ئاپپاراتلىرىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك خادىملىرىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش سالاھىيىتى تەكشۈرۈلدى. شىنجاڭ ئاكسىيە شىركىتى قاراماي تىجارەت بۆلۈمىنىڭ كۆچىدىغان ئورنى تەكشۈرۈلدى ۋە ماتېرىيالى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈلدى، شۇنىڭدەك جەنۇبىي شىنخۇا يولى تىجارەت بۆلۈمىنىڭ كۆچىدىغان ئورنى نەق مەيداندا تەكشۈرۈلدى.

تەۋەلىكتىكى ئاكسىيە تىجارىتى ئاپپاراتلىرىنىڭ «تىجارەت بۆلۈمى ئۈچچۈر سىستېمىسىنىڭ تېخنىكا باشقۇرۇش قائىدىسى»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتى ئورۇندالدى، تەلەپ بويىچە %5 تىجارەت بۆلۈمىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈش ئاساسىدا، مۇتەخەسسىسلەر يەنە بىر قېتىم ئەتراپلىق تەكشۈرۈشكە ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، مەسىلە بارلارغا تەرتىپكە سېلىش، ئۆزگەرتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چۈشۈرۈلدى ھەمدە تەلەپ بويىچە ئاكسىيە نازارەتچىلىكى جەمئىيىتىگە يوللاندى.

ئاكسىيە سودا مەركىزىنى ئېنىقلاپ، تەرتىپكە سېلىپ، تەكشۈرۈشكە سۇنۇش خىزمىتى مەملىكەت بويىچە ئاۋۋال ئورۇندالدى. تەۋەلىكتىكى ئاكسىيە تىجارىتى ئاپپاراتلىرىدا «يىراق مۇساپىلىك چوڭ مۇئامىلىدارلار ئىشخانىسى» تەسىس قىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، تەكتىنى ئېنىقلاش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى.

ئاكسىيىنى نازارەت قىلىش جەمئىيىتىنىڭ تەلىپى بويىچە، ئاپتونوم رايوندىن مەملىكەتلىك تۇنجى قېتىملىق ئاكسىيە كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچى خادىملارنىڭ سالاھىيەت ئىمتىھانى (مەبلەغ سېلىشقا مەسلىھەت بېرىش، قەرەللىك مال) غا قاتناشقۇچىلارنىڭ سالاھىيىتى تەكشۈرۈلۈپ، خۇلاسە قىلىندى.

تەۋەلىكتىكى 4 قەرەللىك مال ۋاستىچىلىك شىركىتىنىڭ خىزمىتىنى يىللىق تەكشۈرۈش؛ 3 قەرەللىك مال شىركىتىنىڭ مەبلەغنى كۆپەيتىپ، پاينى كېڭەيتىشنى ماسلاشتۇرۇش ۋە دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈش؛ قەرەللىك مال ۋاستىچىلىك شىركەتلىرىنىڭ «قەرەللىك ماللارنى باشقۇرۇش تىزىمى» ۋە 4نى يۈرۈشلەشتۈرۈش چارىسىنى ئۆگىنىش، سىناش ۋە مالىيە ئۆز - ئۆزىنى تەكشۈرۈشكە تەشكىللەش خىزمىتى ئورۇندالدى.

**ئەپىنشىلىك خىزمىتى** بېكىتىلگەن ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىغا ماسلىشىپ، بېكىتىلگەندىكى پاينى بازارغا سالغان شىركەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىشچى - خىزمەتچىلەر پېيىنى قالايمىقان تارقاتقان قىسمىنى ئېنىقلاش خىزمىتى ئورۇندالدى؛ سانجى ۋە كورلا شەھەرلىرىدىكى 2 شىركەتنىڭ قانۇنغا خىلاپ ھالدا ئىندېكسنى مۇقىم ئۆستۈرۈش سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىش مەسىلىسى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى؛ بىر قېتىملىق قائىدىگە خىلاپ ھالدا ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغان پاينى باھالاش دوكلات يىغىنى تەكشۈرۈپ، چەكلەندى؛ ئاكسىيە، قەرەللىك مالغا مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ كۆپ قېتىملىق ئەرز شىكايىتى قوبۇل قىلىنىپ، چارە كۆرۈلدى. شىئەن ئاكسىيىنى باشقۇرۇش ئىش بېجىرىش ئورنى تەشكىللىگەن غەربىي شىمال رايونىدىكى پاينى بازارغا سالماقچى بولغان بىر نەچچە شىركەتنى تەكشۈرۈشكە قاتنىشىلدى ھەم ۋەزىپە ئورۇندالدى.

**تۈزۈم قۇرۇلۇشى** خاس ۋەكىل باشقارمىسىنىڭ مەسئۇلىيىتىگە ئاساسەن، تەۋەلىكتىكى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش ئوبيېكتلىرىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا قارىتا، پاينى بازارغا سالغان شىركەتلەرنى باشقۇرۇش جەھەتتە، «پاينى بازارغا سالغان شىركەتلەرنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدا پىكىر» (سىناق نۇسخا) ۋە «مۇدىرىيەتنىڭ كاتىبات خىزمىتىنى سىناق قىلىش چارىسى» تۈزۈپ چىقىلىپ، پاينى بازارغا سالغان شىركەتنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش خىزمىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش، تەرتىپلەشتۈرۈشتە ئاكتىپ رول ئوينالدى. شۇنداقلا شىركەتلەرنىڭ «ئۈچنى ئايرىش» ئەھۋالى ۋە چوڭ پايچىكلار چىقىرىدىغان مەبلەغنىڭ نەقلىشىش ئەھۋالىنىڭ تەكتى ئېنىقلىنىپ، تەكشۈرۈلدى، شىركەتنىڭ پايچىكلار يىغىنى، مۇدىرىيەت يىغىنى، نازارەتچىلىك يىغىنى ئېچىشقا يېتەكچىلىك قىلىندى، شىركەتلەرنىڭ يىغىن ئېچىش داۋامىدىكى بەزى قېلىپسىز قىلمىقلىرى تۈزىتىلدى. ئاكسىيە (قەرەللىك مال) تىجارىتى ئاپپاراتلىرىنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش جەھەتتە، ئاكسىيە، قەرەللىك مال ئاپپاراتلىرىنىڭ سودىلىشىش سانلىق مەلۇماتلىرىنى ئايدا، پەسىلدە مەلۇم قىلىش تۈزۈمى ئورنىتىلدى.

خې جيې

## پاي چېكى تارقىتىش ۋە پاي سېتىلىش ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندا 2 كارخانا پاينى بازارغا سالدى (ئىلى ئالاھىدە ھارىقى شىركىتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات شىركىتى). ئۇنىڭدىن باشقا، شىنجاڭ «تيەنيې» شىركىتى، «شىنتيەن» خەلقئارا شىركىتى، «خۇيتوڭ» سۇچىلىق شىركىتىدىن ئىبارەت پاينى بازارغا

سالغان 3 شىركەت پاي سېلىدى، پايىنى بازارغا سالغان شىركەتلەر پاي چېكى تارقىتىش ۋە پاي سېلىش ئارقىلىق، 1 مىليارد 241 مىليون يۈەن مەبلەغ توپلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ «تيەنيې» شىركىتى 1 - بولۇپ 6 : 10 دىن ئىبارەت چوڭ نىسبەتتە پاي سېلىپ، 267 مىليون يۈەن مەبلەغ توپلىدى، بۇنى ئاساسەن يېزا ئىگىلىكىدە سۇ تېجەش تۈرىگە ئىشلەتتى، بۇ تۈر دۆلەتنىڭ سۇ تېجەش تىپىدىكى يېزا ئىگىلىكىنى كېڭەيتىش تۈرىگە كىرگۈزۈلدى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە پايىنى بازارغا سالغان شىركەت 14 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىكنىڭ شىركىتى 9، بىڭتۈەننىڭ شىركىتى 5. پايىنى بازارغا سالغان 14 شىركەتنىڭ تارقاتقان چاغدىكى پاي دەسمىيىسى 1 مىليارد 685 مىليون پاي ئىدى، 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە 2 مىليارد 957 مىليون پايغا يېتىپ، 75% ئاشتى؛ توپلانغان مەبلەغ 3 مىليارد 436 مىليون يۈەنگە يېتىپ، كارخانىنىڭ تىجارىتى يېتىپ ئاشقىدەك مەبلەغ كاپىتالىغا ئىگە بولدى.

خې جيې

## ئاكسىيە (قەرەللىك مال) تىجارەت ئاپپاراتى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى مەخسۇس تىجارەت قىلىدىغان ئاكسىيە شىركىتىدىن بىرى، قوشۇمچە ئاكسىيە تىجارىتى قىلىدىغان ھاۋالە مەبلەغ سېلىش شىركىتىدىن 5ى بار بولدى. قارمىقىدا 24 ئاكسىيە تىجارەت بۆلۈمى بار بولدى (بۇنىڭ ئىچىدە باشقا جايلاردىكى ئاپپاراتلار تەۋەلىكتە قۇرغان تىجارەت بۆلۈمى 4، ھاۋالە مەبلەغ سېلىش شىركەتلىرىنىڭ قارمىقىدىكىسى 9) . ئاپتونوم رايون سىرتىقى جايلاردا قۇرغان ئاكسىيە تىجارەت بۆلۈمى 14 (بۇنىڭ ئىچىدە ھاۋالە مەبلەغ شىركىتى قارمىقىدىكىسى 12) ؛ تەۋەلىكتىكى ئاكسىيە كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىم 1330. 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، تەۋەلىكتىكى ئاكسىيە تىجارىتى ئاپپاراتى ۋە قوشۇمچە شۇغۇللىنىدىغان ئاپپاراتلارنىڭ مەبلىغى 5 مىليارد 300 مىليون يۈەنگە، ساپ مەبلىغى 500 مىليون يۈەنگە، تىجارەت كىرىمى ئاز كەم 400 مىليون يۈەنگە، پايدىسى 157 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئاكسىيە سودىسى سوممىسى 158 مىليارد 200 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 77 مىليارد 700 مىليون يۈەن ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ۸ پاينىڭ سودىسى 50 مىليارد 800 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 15 مىليارد 100 مىليون يۈەن كۆپەيدى؛ مۇئامىلىدارلار 329 مىڭغا يېقىنلىشىپ، 62 مىڭ كۆپەيدى.

ئاپتونوم رايوندىكى قەرەللىك مال ۋاستىچىلىك شىركىتى 4، قەرەللىك مال تىجارەت بۆلۈمى بىر. يىل ئاخىرىغىچە قەرەللىك مال تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى 231 كىشىگە يەتتى. قەرەللىك مال ۋاستىچىلىك شىركىتىنىڭ مەبلىغى 135 مىليون 780 مىڭ يۈەن، ساپ مەبلىغى 11 مىليون 270 مىڭ يۈەن، تىجارەتكە سېلىنىۋاتقان مەبلەغ 92 مىليون 100 مىڭ يۈەن، رەسمىيەت ھەققىدىن كىرگەن ساپ كىرىم 2 مىليون 480 مىڭ يۈەن.

خې جيې

## ۋاستىچى ئاپپاراتلار

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ئاكسىيە كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىش سالاھىيىتىگە ئىگە ۋاستىچى ئاپپارات 13كە، كەسپكارى 300 دىن كۆپرەككە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بوغالتىرلىق ئىش ئورنى بىر، مال - مۈلۈكنى باھالاش ئاپپاراتى 2، يەر باھاسىنى مۆلچەرلەش ئورنى 3، ئادۋوكاتلىق ئىش ئورنى 7.

خې جيې

شىنجاڭدىكى پايىنى بازارغا سالغان كارخانىلارنىڭ پايىنى بازارغا سالغاندىن بۇيان توپلىغان مەبلىغى ۋە پاي دەسمايىسىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى

| شىركەت نامى | بازارغا سالغان ۋاقتى | بازارغا سالغان سودا ئورنى | پايىنى تارقاتقان چاغدىكى دەسمايىسى (تومەنپاي) | | | پاي چېكى تارقىتىلىپ توپلانغان مەبلەغ (تومەن يۈەن) | 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى پاي دەسمايىسى | | 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى جەمئىي توپلانغان مەبلەغ (تومەن يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | ئومۇمىي پاي دەسمايىسى | ئوبوروت بولغان پاي دەسمايىسى | ئىچكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر پېيى | | ئومۇمىي پاي دەسمايىسى | ئوبوروت بولغان پاي دەسمايىسى | |
| خوڭيۈەن ھاۋالە مەبلەغ شىركىتى | 1994 - يىلى | شېنجېن سودا ئورنى | 17500 | 4500 | 500 | 10550 | 47158.65 | 13860 | 13971 |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ «جۇڭخې» شىركىتى | 1996 - يىلى | شاڭخەي سودا ئورنى | 7953 | 2025 | 225 | 9000 | 10338.9 | 2925 | 9000 |
| «بەيخۇاسۇن» شىركىتى | 1996 - يىلى | شاڭخەي سودا ئورنى | 6127.5 | 2700 | 300 | 11800 | 9480.07 | 4650 | 20676 |
| «خۇيتۇڭ» سۇچىلىق شىركىتى | 1996 - يىلى | شىنجېن سودا ئورنى | 5000 | 1250 | 577.25 * | 7062 | 23318 | 9542 | 17262 |
| شىنجاڭ «تۇنخې» شىركىتى | 1997 - يىلى | شاڭخەي سودا ئورنى | 7000 | 1750 | 900 * | 9485 | 17220 | 6519 | 20757 |
| «دوستلۇق» گۇرۇھى | 1996 - يىلى | شاڭخەي سودا ئورنى | 10700 | 2700 | 850 * | 10607 | 25663.95 | 10314 | 22118 |
| قۇلماق شىركىتى | 1997 - يىلى | شاڭخەي سودا ئورنى | 8000 | 3000 | 270 | 11523 | 12800 | 4800 | 11523 |
| شىنجاڭ «تيەنيې» شىركىتى | 1997 - يىلى | شاڭخەي سودا ئورنى | 6300 | 2430 | 270 | 16870 | 22680 | 9720 | 43624 |
| ئالاھىدە ترانسفورماتور زاۋۇتى | 1997 - يىلى | شاڭخەي سودا ئورنى | 8168 | 3000 | 300 * | 14820 | 14931 | 6240 | 28390 |
| «شىنتيەن» خەلقئارا شىركىتى | 1997 - يىلى | شاڭخەي سودا ئورنى | 8600 | 2700 | 300 | 23000 | 13916 | 5280 | 31907 |
| «تەڭرىتاغ» توقۇمىچىلىق شىركىتى | 1998 - يىلى | شىنجېن سودا ئورنى | 18782 | 4230 | 470 | 20798 | 33807.6 | 8451.5 | 20789 |
| «تەڭرىتاغ» ياي ھەسسىدارلىق شىركىتى | 1999 - يىلى | شاڭخەي سودا ئورنى | 12946 | 4500 | 500 | 25257 | 12946 | 5000 | 25257 |
| شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات شىركىتى | 1999 - يىلى | شاڭخەي سودا ئورنى | 29400 | 9000 | | 32905 | 29400 | 9000 | 32905 |
| ئىلى ئالاھىدە ھارىقى شىركىتى | 1999 - يىلى | شاڭخەي سودا ئورنى | 22050 | 7500 | | 45375 | 22050 | 7500 | 45375 |
| جەمئىي | | | 168527 | 51285 | 2835 | 249052 | 295710.2 | 103801 | 343563 |

ئىزاھ: * بەلگىسى بار سانلار نىشانلىق مەبلەغ توپلىغاندا ئىچكى جەھەتتە ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە تارقىتىلغان پاينى كۆرسىتىدۇ، بۇ جامائەتكە تارقىتىلغان سانىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. قالغانلىرى جامائەتكە تارقىتىلغان سانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

# يېزا ئىگىلىكى

## ئومۇمىي بايان

### يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتىدىن ئومۇمىي بايان

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىك ۋە يېزا ئىقتىسادىي خىزمىتىدە دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش، يېزىلارنى مۇقىملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت 2 چوڭ نىشاننى چۆرىدىگەن ھالدا تەدبىر قوللىنىلىپ يېزا ئىگىلىكى كۈچەيتىلىپ، ئېغىر تەبىئىي ئاپەت، بازار خەۋپ - خەتىرى كەسكىنلىشىش قاتارلىق تۈرلۈك پايدىسىز ئامىللارنىڭ تەسىرى تۈگىتىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتىنىڭ مۇقىم تەرەققىياتى ساقلاپ قېلىندى، تۈرلۈك خىزمەتلەردە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ئاشلىق، پاختا، ياغلىق دان، قىزىلچا قاتارلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى تەڭشىلىش جەريانىدا بىر قەدەر يۇقىرى سەۋىيە ساقلاپ قېلىندى. بىر يىلدا ئاشلىق ھوسۇلى 8 مىليون 350 مىڭ توننىغا يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 0.6% ئاشتى؛ پاختا ھوسۇلى 1 مىليون 350 مىڭ توننا بولۇپ، 3.6%؛ قىزىلچا ھوسۇلى 3 مىليون 542 مىڭ 400 توننا بولۇپ، 31% تۆۋەنلىدى؛ ياغلىق دان ھوسۇلى 604 مىڭ 600 توننا بولۇپ، 61.1%؛ قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە 2 مىليون 799 مىڭ 100 توننا بولۇپ، 33.4% ئاشتى. چارۋىچىلىقتا ياخشى تەرەققىيات يۈزلىنىشى بارلىققا كەلدى. 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا 44 مىليون 365 مىڭ 400 گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 4.9% ئاشتى؛ بىر يىلدا قولدىن چىقىرىلغان چارۋا 22 مىليون 241 مىڭ 800 گە يېتىپ، 16.1%، ئېلىنغان گۆش 810 مىڭ توننىغا يېتىپ، 8.1% ئاشتى. 1999 - يىلى بەرپا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى 58 مىڭ 900 گېكتار بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 2.2% ئاشتى. يېزا - بازار كارخانىلىرى مۇقىم تەرەققىي قىلدى، قوشۇلما قىممىتى 7 مىليارد 625 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 13.3%، ئېلىنغان پايدا 1 مىليارد 909 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 11.7% ئاشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1500 يۈەن بولدى. دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىقنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 46 مىليارد 100 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 3% ئاشتى. يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى، دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشلىرى داۋاملىق كۈچەيتىلىپ، ئاپتونوم رايون يېزىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرى مۇنۇلار: بىرىنچىدىن، ۋىلايەت، ناھىيە، يېزا، كەنتلەر ۋە كەڭ دېھقان - چارۋىچىلار مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، تۈرلۈك چارىلەر ئارقىلىق كىرىمنى كۆپەيتىش يوللىرىنى ئېچىپ، كىرىمنى كۆپەيتىشنىڭ بەزى يېڭى يوللىرىنى تېپىۋالدى. ئىككىنچىدىن، قۇرۇلمىنىڭ تەڭشىلىش سالمىقى زورايدى، بولۇپمۇ ئورمانچىلىق - باغۋەنچىلىك، ئالاھىدە دېھقانچىلىق قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشتە ياخشى باشلىنىش بولدى، يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن باغ كۆلىمى 1998 - يىلدىكىدىن ئاز كەم 2 ھەسسە ئاشتى. ئەلا سۈپەتلىك ئاشلىق، ياغلىق دان، قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە، كۆكتات، يۇرچاق، دورا ماتېرىياللىرى قاتارلىق ئالاھىدە مەھسۇلاتلار تېز تەرەققىي قىلدى. ئۈچىنچىدىن، پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قارىتىلغان ئاساسىي سىياسەتلىرى بەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە 98% تىن ئارتۇق يېزا - كەنتتە يېزا - كەنت يەرلىرىنىڭ 2 - نۆۋەتلىك ھۆددىگەرلىك مۇددىتىنى 30 يىلغا ئۇزارتىش خىزمىتى تاماملاندى، يىل بېشىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە سېلىقىنى 30 يۈەن ئازايتىش نىشانى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە 490 تۈرلۈك نامۇۋاپىق ھەق ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، بۇنىڭ سوممىسى 200 مىليون يۈەندىن ئاشىدۇ. كەنت ئىشلىرىنى ئاشكارىلاش تۈزۈمى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە 98.4% كەنتتە كەنت ئىشلىرىنى ئاشكارىلاش يولغا قويۇلۇپ، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - ئىگىلىك باشقۇرۇش ئاكتىپلىقى ئۈنۈملۈك قوغدالدى. تۆتىنچىدىن، ئاپتونوم رايون بويىچە كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ پەن - تېخنىكا ئىنقىلابىغا بولغان تونۇشى ئۈزلۈكسىز

چوڭقۇرلاشتى، پەن - تېخنىكا ئېڭى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى، يېڭى پەن - تېخنىكىنى كېڭەيتىش، قوللىنىش قىزغىنلىقى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، پەن - تېخنىكا بىلەن يېزا ئىقتىسادىنىڭ بىرلىشىشى تېخىمۇ زىچلاشتى. بەشىنچىدىن، جايلاردا بازارلار پائال ئېچىلىپ، ئوبوروت جانلاندۇرۇلدى. ئالتىنچىدىن، يېزا ئىگىلىك شارائىتى يەنىمۇ ياخشىلاندى. ئاپتونوم رايون بويىچە جايلار سۇچىلىقنى مەركەز قىلغان يېزا ئىگىلىك ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشلىرىنى ئېلىپ بېرىشتا چىڭ تۇرۇپ، نۇقتىلىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېزا ئىگىلىك، سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتتى، يىل ئاخىرىدىكى ئۈنۈملۈك سۇغىرىش كۆلىمى 3 مىليون 65 مىڭ 400 گېكتارغا يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 2.7% ئاشتى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى ۋە يېزىلاردا ئىشلىتىلىدىغان توك مىقدارى بىر قەدەر تېز كۆپەيدى. يەتتىنچىدىن، نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمىتى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى.

جىن چاڭخۇ

## يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتى بويىچە تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى

بۇ يىغىن 1999 - يىل 1 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىننىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى مەركەزنىڭ يېزا خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈش، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ 1999 - يىللىق يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى. يىغىنغا ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيە (شەھەر) لىك پارتكوم، ھۆكۈمەت (مەمۇرىي مەھكىمە) لەرنىڭ يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتىگە مەسئۇل رەھبەرلىرى، يېزا ئىگىلىكىگە چېتىشلىق تارماقلاردىكى مەسئۇل يولداشلار، ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىك سىستېمىسىدىكى نازارەت، ئىدارە، ئاكادېمىيە ۋە يېزا ئىگىلىكىگە چېتىشلىدىغان ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى قاتناشتى.

يىغىنغا ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ئابدۇرېھىم ھامىت رىياسەتچىلىك قىلدى، يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شيۇڭ خۇييىڭ «مەركەزنىڭ يېزا خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ، يېزىلارنى مۇقىملاشتۇرۇشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرايلى» دېگەن تېمىدا سۆز قىلدى. يىغىندا تۆۋەندىكى 10 جەھەتتىكى خىزمەتنى نۇقتىلىق چىڭ تۇتۇش لازىملىقى تەكىتلەندى؛

(1) ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، ۋەزىپىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئىشەنچىسىنى چىڭىتىش؛ (2) يېزا ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ ۋە سەرخىللاشتۇرۇپ، يۇقىرى ئۈنۈملۈك يېزا ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش؛ (3) ئېھتىيازلىق تېرىلغۇغا تەييارلىق قىلىش ۋە ئادەتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ، ئىشنىڭ بېشىدىلا غەلىبە قازىنىشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش؛ (4) ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇپ، مول ھوسۇل ئېلىش ئىدىيىسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش؛ (5) سۇچىلىق مۇھىم نۇقتا قىلىنغان يېزا ئىگىلىك ئاساس مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش؛ (6) پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قارىتىلغان ئاساسىي سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش؛ (7) يېزا ئىگىلىكىدە كەسىپلەشتۈرۈپ ئىگىلىك باشقۇرۇشنى پائال يولغا قويۇش؛ (8) يېزا ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش خىزمىتىنى كۈچەيتىش؛ (9) ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ نامراتلارنى يۆلەش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى چىڭىتىپ، نامراتلارنى يۆلەش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىش؛ (10) يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىش.

جىن چاڭخۇ

## يېزا ئىگىلىكىدىكى ھۆددىگەرلىك توختامىنىڭ باشقۇرۇلۇشى

1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون يېزىلاردا يەر ھۆددىگەرلىكى مۇددىتىنى ئۇزارتىش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك ئورۇندالدى. دېھقانچىلىق نازارىتى 1999 - يىل 11 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن 12 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە يېزىلاردىكى يەر ھۆددىگەرلىكى مۇددىتىنى ئۇزارتىش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى، ئاپتونوم رايون بويىچە «يەر ھۆددىگەرلىكى توختامنامىسى» ۋە «يەرنى ھۆددىگە ئېلىپ ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقنامىسى» ئاساسىي جەھەتتىن دېھقانلارغا تارقىتىپ بېرىلدى. ش ئۇ ئا ر يېزا ئىقتىسادىي باش پونكىتىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىغا دائىر مەلۇماتىغا قارىغاندا، 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە 9093 كەنت ۋە 30 مىڭ 814 كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى، 1 مىليون 836 مىڭ 385 دېھقان ئائىلىسى، 8 مىليون 481 مىڭ 836 ئادەم يېزىلاردىكى 2 - نۆۋەتلىك يەر ھۆددىگەرلىكىگە قاتناشقان، ھۆددىگە ئېلىنغان تېرىلغۇ يەر 1 مىليون 684 مىڭ 640.8 گېكتار بولغان، قالدۇرۇپ قويۇلغان زاپاس يەر كۆلىمى 70 مىڭ 400.80 گېكتار

بولۇپ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 4.1%نى ئىگىلىگەن؛ 1 - نۆۋەتلىك ھۆددىگەرلىك مۇددىتىدىكى 15 يىلدا يېڭىدىن ئېچىلغان تېرىلغۇ يەر 12 مىڭ 69.6 گېكتار بولۇپ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 7.1%نى ئىگىلىگەن. 9093 كەنت ئىچىدە ئىلگىرى ھۆددىگە ئېلىنغان يەر ئۈستىدە ھۆددىگەرلىك توختامىنى داۋاملىق ئۇزارتىپ ئىمزالىغىنى 3593 بولۇپ، ئومۇمىي كەنتنىڭ 39.51%نى مۇۋاپىق ھالدا ئازغىنە تەڭشىگەندىن كېيىن قايتا توختام ئىمزالىغان كەنت 4947 بولۇپ، 54.4%نى؛ ئاممىنىڭ مۇھاكىمە قىلىپ ماقۇللىشىدىن ئۆتكۈزۈپ، چوڭ دائىرىدە تەڭشىگەندىن كېيىن قايتىدىن ھۆددىگە بەرگەن كەنت 553 بولۇپ، 6.08%نى ئىگىلىگەن. يېزا ئىگىلىكىدە يەر ھۆددىگەرلىكى توختامنامىسى ئىمزالىغان دېھقان ئائىلىسى 1 مىليون 833 مىڭ 151 بولۇپ، ئومۇمىي دېھقان ئائىلىسىنىڭ 99.82%نى، يەر ھۆددىگە ئېلىپ ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقنامىسى تارقىتىپ بېرىلگەن دېھقان ئائىلىسى 1 مىليون 819 مىڭ 270 بولۇپ، 99.06%نى ئىگىلىگەن.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندا يېزا ئىگىلىكىدىكى ھۆددىگەرلىك توختامىدىن 2 مىليون 42 مىڭ پارچە ئىمزالاندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلچەملىك توختام 1 مىليون 883 مىڭ پارچە بولۇپ، ئومۇمىي توختامنىڭ 92.2%نى ئىگىلەيدۇ. بىر يىلدا گۇۋاھلىقتىن ئۆتكۈزۈلگەن يېزا ئىگىلىكىدىكى ھۆددىگەرلىك توختامى 1 مىليون 615 مىڭ پارچە بولۇپ، ئومۇمىي توختامنىڭ 79%نى ئىگىلەيدۇ. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يۈز بەرگەن يېزا ئىگىلىكىدىكى ھۆددىگەرلىك توختامى ماجىراسى 6909 بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 82% كۆپەيدى، مۇرەسسە قىلىنغىنى 2921 بولۇپ، 42.3%نى ئىگىلىدى، ناھىيە، يېزىلارنىڭ مۇرەسسە قىلىشى ئارقىلىق ھەل قىلىنغىنى 2633، كېسىم قىلىنغان توختام 447.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىكىدىكى ھۆددىگەرلىك توختامىدىن تولۇق ئەمەلىيلەشتۈرۈلگىنى 1 مىليون 175 مىڭ پارچە بولۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈش نىسبىتى 57.5% بولدى، قىسمەن ئەمەلىيلەشتۈرۈلگىنى 583 مىڭ پارچە بولۇپ، 28.6%نى ئىگىلىدى. يېزا ئىگىلىكىدىكى ھۆددىگەرلىك توختاملىرىدا يۇقىرىغا تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك توختام سوممىسى 1 مىليارد 127 مىليون 870 مىڭ يۈەن، بۇنىڭدىن تاپشۇرۇلغىنى 701 مىليون 540 مىڭ يۈەن بولۇپ، تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك سوممىنىڭ 62.2%نى ئىگىلىدى، تاپشۇرۇش كەچۈرۈم قىلىنغان سومما 6 مىليون 840 مىڭ يۈەن بولۇپ، 0.6%نى، تېخى تاپشۇرۇلمىغان سومما 419 مىليون 490 مىڭ يۈەن بولۇپ، 37.2%نى ئىگىلىدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىكىدىكى ھۆددىگەرلىك توختامىنى كېسىم قىلىش ئاپپاراتى 677 بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 56 سى ئازلاپ كەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە دەرىجىلىك كېسىم ئاپپاراتى 40، يېزا دەرىجىلىك كېسىم ئاپپاراتى 548. ئاپتونوم رايون بويىچە توختام باشقۇرۇش خادىمى 14 مىڭ 878 بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 7103ى ئازلاپ كەتتى.

ئەركىن ھۈسەن

## دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىش خىزمىتى ئەھۋالى

مەلۇماتقا قارىغاندا، 1999- يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقان، چارۋىچىلار بىۋاسىتە ئۈستىگە ئالغان سېلىقلاردىن كەنتكە قالدۇرۇلىدىغىنى ۋە يېزا بىر تۇتاش جۇغلايدىغىنى 489 مىليون 650 مىڭ يۈەن بولۇپ، كىشى بېشىغا 55 يۈەندىن توغرا كەلدى، بۇ، 1998 - يىلدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمنىڭ 3.4%نى ئىگىلەپ، 1998 - يىلدىكىدىن 1.05 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى. ھەربىر ئەمگەك كۈچى ئۈستىگە ئالغان ئوتتۇرىچە مەجبۇرىيەت ئەمگىكى كۈنى 12 بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 7.7% تۆۋەنلىدى، ھەربىر ئەمگەك كۈچى ئۈستىگە ئالغان ئوتتۇرىچە جۇغلانما ئەمگەك كۈنى 19.5 بولۇپ، 7.1% تۆۋەنلىدى. دېھقان، چارۋىچىلار ئۈستىگە ئالغان ئەمگەك ئورنىغا تۆلىنىدىغان پۇل كىشى بېشىغا 7.9 يۈەندىن توغرا كېلىپ، 3.4 يۈەن ئازلىدى. دېھقان، چارۋىچىلار ئۈستىگە ئالغان ئىجتىمائىي سېلىق ئومۇمىي سوممىسى 96 مىليون 260 مىڭ يۈەن بولدى، بۇ، كىشى بېشىغا 11 يۈەندىن توغرا كېلىپ، 33.38 يۈەن ئازلىدى.
1999 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىشتە قوللىنىلغان ئاساسلىق تەدبىرلەر مۇنۇلار:

1. كەنتكە قالدۇرۇلىدىغىنى ۋە يېزا بىر تۇتاش جۇغلايدىغىنىنى بىر بەلگىلەپ ئۈچ يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىك سىياسىتى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى. 1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر سېلىق يېنىكلىتىش ئىشخانىسى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن مۇھاكىمە قىلىپ «ئاپتونوم رايوندا دېھقانلار سېلىقىنى بىر بەلگىلەپ ئۈچ يىلغىچە ئۆزگەرتمەي باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش چارىسىنى ئىجرا قىلىش پىكرى»نى تۈزۈپ چىقتى، ئۇنىڭدا، 1998 - يىلدىن باشلاپ كەنتكە قالدۇرۇلىدىغىنى ۋە يېزا بىر تۇتاش جۇغلايدىغىنىنى كەنتنى بىرلىك قىلغان ھالدا ھېسابلاش، قەتئىي ھالدا 1995-، 1996- ۋە 1997- يىلدىن ئىبارەت ئۈچ يىلدىكى كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ساپ كىرىمنىڭ ئوتتۇرىچە سانى بويىچە ھېسابلاپ قالدۇرۇش، ئومۇمىي سوممىسىنى چوقۇم 3 يىللىق ئوتتۇرىچە سانىنىڭ

%5ى ئىچىدە كونترول قىلىش ھەمدە ئۇ ھەققتە توختام ئىمزالاش، ئۇنى توختام كارتوچكىسىغا كىرگۈزۈپ، بىر بەلگىلەپ ئۇچ يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىك ئېنىق بەلگىلەندى. شۇنىڭ بىلەن دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ سېلىقى 76 مىليون 330 مىڭ يۈەن يېنىكلەپ، كىشى بېشىغا 9.3 يۈەن ئازلىدى.

2. سېلىقنى يېنىكلىتىپ، كىرىمنى 30 يۈەن كۆپەيتىش خىزمەت ۋەزىپىسى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. 1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى سېلىقنى يېنىكلىتىش ئارقىلىق دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمىنى 30 يۈەن ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت يىللىق مىقدارلاشقان ۋەزىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاپتونوم رايون بويىچە %90 ناھىيە (شەھەر) سېلىقنى يېنىكلىتىپ، كىرىمنى 30 يۈەن ئاشۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە سېلىقنى يېنىكلىتىش ئارقىلىق ئاشۇرۇلغان كىرىمى 46.08 يۈەن بولدى (بۇنىڭ ئىچىدە كەنتكە قالدۇرۇلىدىغىنى ۋە يېزا بىر تۇتاش جۇغلايدىغىنى 1998 - يىلدىكىدىن 9.3 يۈەن ئازلىدى؛ تۈرلۈك نامۇۋاپىق ھەقلەردىن 490 تۈر (قېتىم) ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، بۇنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 293 مىليون 781 مىڭ 200 يۈەن بولۇپ، كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە 33.38 يۈەن ئازلىدى؛ ئەمگەك ئورنىغا تۆلىنىدىغان پۇل كىشى بېشىغا 3.4 يۈەندىن ئازلىدى).

3. سېلىقنى يېنىكلىتىش سىياسىتىنى نازارەت قىلىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش چىڭ تۇتۇلۇپ، دېھقانلار سېلىقى دېلولىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش سالمىقى زورايتىلدى. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندا ۋە ۋىلايەت (ئوبلاست)، ناھىيە (شەھەر) لەردە قانۇن ئىجراسىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش 2 — 3 قېتىمدىن يولغا قويۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈشكە 12 مىڭ 767 ئادەم قاتناشتى. ئۇلار 77 ناھىيە، 613 يېزا، 3157 كەنتنى ئارىلاپ تەكشۈردى، 70 مىڭ 554 دېھقان ئائىلىسىنى زىيارەت قىلدى. 1999 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ سېلىقىغا چېتىلىدىغان دېلودىن 168 ى يۈز بەردى، بۇنىڭدىن 102 سى تەكشۈرۈپ ئاخىرلاشتۇرۇلۇپ، 162 ئادەمگە چارە كۆرۈلدى (بۇنىڭ ئىچىدە يېزا كادىرى 27، كەنت كادىرى 135). ئاپتونوم رايون بويىچە سېلىق يېنىكلىتىش كارتوچكىسىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى %100 بولدى، %80 ناھىيە (شەھەر) دە مەخسۇس تۈردىكى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قانات يايدۇرۇلدى، كەنتلەرنىڭ ھەممىسىدە خام چوت، نەق چوت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، %80 كەنتتە بىر تۇتاش باستۇرۇلغان پۇل ئېلىش تالونى ئىشلىتىلىپ، يېزىلاردىكى ئۈچ قالايمىقان مەسىلىسى مەلۇم دەرىجىدە توسۇلدى.

ئىسرائىل ئابباس

## كەنت ئىشلىرىدا ئاشكارا بولۇش ۋە دېموكراتىك باشقۇرۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى

1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايوننىڭ جاي - جايلىرىدا كەنت ئىشلىرىدا ئاشكارا بولۇش ۋە دېموكراتىك باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى. مەلۇماتقا قارىغاندا، ئاپتونوم رايوندىكى 9432 مەمۇرىي كەنت ئىچىدە، كەنت ئىشلىرىدا ئاشكارا بولۇش ۋە دېموكراتىك باشقۇرۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلغىنى 9277 بولۇپ، %98.4ىنى ئىگىلىگەن، بۇنىڭ ئىچىدە تۈزۈمى ئۆلچەملىك ۋە بىر قەدەر ئۆلچەملىك بولغىنى %93، ئۆلچەمگە يەتمىگىنى ئاران %7 بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا، قەشقەر، خوتەن، ئارباغاتاي قاتارلىق ۋىلايەتلەردىكى 155 مەمۇرىي كەنت ئىنتايىن چەت ۋە كەمبەغەل بولغاچقا، ھازىر تېخى بۇ تۈزۈمنى يولغا قويۇشنىڭ ئاساسىي شەرتلىرى ھازىرلانمىغان.

فەن شياۋلىن، جىلى جيافا

## يېزا ئىگىلىكىدە مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش خىزمىتى ئەھۋالى

1. يېزا ئىگىلىكىدە قانۇن - قائىدە سىستېمىسى قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئاساس سېلىندى. 1999 - يىل 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزىلاردىكى كوللېكتىپ ئىگىلىكنى ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىش نىزامى» رەسمىي يولغا قويۇلدى. بۇ قانۇن - قائىدىنىڭ ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلۇشى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى مال - مۈلۈكنى باشقۇرۇشنى ۋە دېھقانلار سېلىقىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشتە ئاكتىپ رول ئوينايدۇ.

2. قانۇن ئىجرا قىلىش سالمىقى زورايتىلىپ، يېزىلارنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش قەدىمى تېزلىتىلدى. 1999 - يىلى دېھقانچىلىق نازارىتى ئاپتونوم رايون خاراكتېرلىك قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈشنى داۋاملىق قانات يايدۇردى، جايلارنىڭ ئۆز - ئۆزىنى تەكشۈرۈشى ئاساسىدا، خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى بەزى ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە - شەھەرلەرنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە قانۇن ئىجرا قىلىشنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالىنى ئارىلاپ تەكشۈردى. بىر يىلدا ئۇرۇق جەھەتتە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 211 ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنىپ، دېھقانلار 5 مىليون يۈەندىن كۆپرەك ئىقتىسادىي زىياندىن ساقلاپ قېلىندى؛ دېھقانچىلىق دورىسى جەھەتتە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 300

نەچچىسى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، 11 خىل 115 توننا ساختا، ناچار دېھقانچىلىق دورىسى تەكشۈرۈپ تېپىلىپ، دېھقانچىلىق ۋاستىلىرى بازىرى ساپلاشتۇرۇلدى. دېھقانلار سېلىقى، ئىقتىسادىي تەپتىشلىك، يېزا كوللېكتىپ مال - مۈلكىنى باشقۇرۇش جەھەتتىكى قانۇن - قائىدىلەر قەتئىي ئىجرا قىلىندى. بىر يىلدا دېھقانلار سېلىقىنى كۆپەيتىش دېلوسىدىن 168ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى.

3. يېزا ئىگىلىكىدە مەمۇرىي قانۇننى ئۇنىۋېرسال ئىجرا قىلىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى كۈچەيتىلىپ، يېزا ئىگىلىكىدە مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش جەھەتتىكى تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. 1999 - يىلى دېھقانچىلىق نازارىتى شىخو شەھىرىدە قانات يايدۇرغان يېزا ئىگىلىكىدە ئۇنىۋېرسال قانۇن ئىجرا قىلىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى خېلى زور دەرىجىدە ئىلگىرىلىدى. شىخو شەھەرلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسى رەسمىي ۋىۋىسكا ئېسىپ قانۇنچىلىق بۆلۈمى ۋە يېزا ئىگىلىكىدە قانۇن ئىجرا قىلىش چوڭ ئەترىتى قۇرۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى ناھىيە دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىكىدە ئۇنىۋېرسال قانۇن ئىجرا قىلىش ئاپپاراتىنى بەرپا قىلدى. شىخو شەھىرىدە يېزا ئىگىلىكىدە ئۇنىۋېرسال قانۇن ئىجرا قىلىش نۇقتىدا سىناق قىلىنغاندىن بۇيان ئۇرۇق جەھەتتىكى تۈرلۈك دېلودىن 20 سى، دېھقانچىلىق دورىسى جەھەتتىكى دېلودىن 28ى، قالايمىقان ھەق ئېلىپ، قالايمىقان سېلىق چېچىپ، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى ئېغىرلىتىش دېلوسىدىن 8ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنىپ، مۇئەييەن نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، بۇ ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىكىدە ئۇنىۋېرسال قانۇن ئىجرا قىلىش خىزمىتىنىڭ قانات يېيىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى.

يېزا ئىگىلىكىدە مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش خىزمىتىدە يەنە بەزى قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرمۇ مەۋجۇت: بىرىنچى، ئايرىم جايلاردىكى رەھبەرلەرنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە قانۇن ئىجرا قىلىشنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشى يېتەرسىز بولغاچقا، خىزمەتنىڭ ئىلگىرىلىشى تەكشى ئەمەس، ئىككىنچى، قانۇن ئىجرا قىلىش جەھەتتىكى سېلىنما يېتەرسىز بولۇپ، قاتتىق دېتال مۇئەسسەسىلىرى ئارقىدا قالغان، قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىملارنىڭ ئومۇمىي ساپاسى تۆۋەنرەك، ئۈچىنچى، يېزا ئىگىلىكىدە قانۇننى مەخسۇس ئىجرا قىلىش بىلەن ئۇنىۋېرسال ئىجرا قىلىش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشتا يەنە نۇرغۇن مەسىلىلەر مەۋجۇت، ئۇنىڭغا مەلۇم جەريان كېرەك.

ۋەن شۆيىڭ

## ئېكولوگىيىلىك يېزا ئىگىلىكى قۇرۇلۇشى

1999 - يىل 7 - ئايدا يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى بىلەن دۆلەت خاراكتېرلىك ئېكولوگىيىلىك يېزا ئىگىلىكى سىناق قىلىنىدىغان ناھىيە قۇرۇلۇشى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى دۆلەت دەرىجىلىك ئېكولوگىيىلىك يېزا ئىگىلىكى سىناق قىلىنىدىغان ناھىيە — ساۋەن ناھىيىسىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى. تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش نەتىجىسى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ساۋەن ناھىيىسىدىكى ئېكولوگىيىلىك يېزا ئىگىلىكى سىناق قىلىنىدىغان ناھىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى بىر ئائىلە - بىر ئۆي، سانى ئىنتايىن ئاز بولغان يەككىلەر بويىچە ئېكولوگىيىلىك ياخشى سۈپەتلىك ئايلىنىشتىن زور كۆلەملىك، زور رايونلۇق ئاممىۋى كۆلەملىك ياخشى سۈپەتلىك ئېكولوگىيىلىك ئايلىنىشقا تەرەققىي قىلغان، مۇشۇ ئاساستا ئېكولوگىيىلىك يېزا ئىگىلىكى يېزىسىدىن 7 سى، كەنتىدىن 200ى، ئائىلىسىدىن 25 مىڭى بارلىققا كەلگەن؛ يېزا، كەنتلەر ئېكولوگىيىلىك يېزا ئىگىلىكى ئىنشائاتى تېخنىكىسى قۇرۇلۇشى قىلىنىدىغان ئاساسىي بىرلىك قىلىنىپ، بىر يېزا بىر كەسىپ، بىر كەنتتە بىر تۈر، بىر رايوندا بىر ئۈستۈنلۈكنى ئاساس قىلىش شەكىللەندۈرۈلۈپ، دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىقنى بىرلەشتۈرۈش ئەندىزىسى، ئۇنىۋېرسال يېزا ئىگىلىكى ئەندىزىسى، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىرىكىش ئەندىزىسى ھويلا - ئارام ئېكولوگىيىلىك ئىگىلىك بىرىكىش ئەندىزىسى، ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەش، سېتىش بىرىكىش ئەندىزىسى، تەكرار سىناپ كۆرۈلىدىغان ئورمانچىلىق تېپىدىكى ئەندىزە قاتارلىق ئېكولوگىيىلىك يېزا ئىگىلىكى ئىنشائاتى تېخنىكىسى قۇرۇلۇشى خىزمىتى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇلۇپ، ئېكولوگىيە، ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمنىڭ بىرلىككە كەلگەن ھالدا ماسلىشىپ سالماقلىق بىلەن سىجىل تەرەققىي قىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. 1999 - يىلى قۇمۇل شەھىرى دۆلەت تەرىپىدىن 10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە تۇنجى تۈركۈمدە دۆلەت دەرىجىلىك ئېكولوگىيىلىك يېزا ئىگىلىك قۇرۇلۇشى سىناق قىلىنىدىغان ناھىيە قىلىپ بېكىتىلدى، قۇرۇلۇش ۋاقتى 5 يىل بولىدۇ. ھەرىكەتلەندۈرۈش تۈرى بولغان «شىنجاڭ ھويلا - ئارام ئېكولوگىيىلىك يېزا ئىگىلىك ئىنشائاتى تېخنىكىسى قۇرۇلۇشى» خىزمىتى قۇمۇل شەھىرىنىڭ پالۋانتۇر، تەڭرىتاغ، راھەتباغ يېزىلىرى، باغۋەنچىلىك مەيدانىدا رەسمىي باشلاندى.

ئادىل، ياقۇپجان تۇرسۇن

## دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدە كېسەللىك، ھاشارات ئاپەتلىرىنىڭ يۈز بېرىشى، ئۇنىڭدىن مۇداپىئەلىنىش ۋە ئۇنى يوقىتىش ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ دېھقانچىلىق

زىرائەتلەردە ئاساسلىق كېسەللىك، ھاشارات ياۋا ئوت - چۆپ ئاپەتلىرىنىڭ يۈز بېرىشى ئوموميۈزلۈك ئېغىر بولدى، ھاشارات ئاپىتى كېسەللىك ئاپىتىدىن ئېشىپ كەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە كېسەللىك، ھاشارات ياۋا ئوت - چۆپ ئاپەتلىرى يۈز بەرگەن كۆلەم 1 مىليون 616 مىڭ 700 گېكتار (بىلتۇرنىڭ بۇنىڭ سىرتىدا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كېۋەز غوزا قۇرتى، كېۋەز پىتى يۈز بەرگەن كۆلەم 760 مىڭ گېكتار، چېكەتكە ئاپىتى يۈز بەرگەن كۆلەم 173 مىڭ 300 گېكتار، مايسا مەزگىلىدە يەر يولۋىسى كۆرۈلگەن كۆلەم 11 مىڭ گېكتار، بۇغداي قاراكۈيە كېسىلى يۈز بەرگەن كۆلەم 23 مىڭ 700 گېكتار، قوناق يېشىل قۇرتى يۈز بەرگەن كۆلەم 215 مىڭ 700 گېكتار، ياۋا ئوت - چۆپ بېسىپ كەتكەن كۆلەم 324 مىڭ 700 گېكتار، باشقا كېسەللىك، ھاشارات ئاپىتى يۈز بەرگە كۆلەم 108 مىڭ 300 گېكتار. كېۋەز غوزا قۇرتى، كېۋەز پىتى قاتارلىق ئاساسلىق كېسەللىك، ھاشارات ئاپىتى جەنۇبىي ۋە شەرقىي شىنجاڭدىكى كېۋەز تېرىلغان رايونلاردا كۆپ يۈز بەردى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە زىرائەتلەردە بولىدىغان كېسەللىك، ھاشارات، ياۋا ئوت - چۆپ ئاپىتىدىن مۇداپىئە كۆرۈلگەن ۋە ئۇ يوقىتىلغان كۆلەم 1 مىليون 124 مىڭ 700 گېكتارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كېۋەز غوزا قۇرتى، كېۋەز پىتىدىن مۇداپىئە كۆرۈلگەن ۋە ئۇ يوقىتىلغان كۆلەم 386 مىڭ 700 گېكتار، چېكەتكىدىن مۇداپىئە كۆرۈلگەن ۋە ئۇ يوقىتىلغان كۆلەم 153 مىڭ 300 گېكتار، يەر يولۋىسىدىن مۇداپىئە كۆرۈلگەن ۋە ئۇ يوقىتىلغان كۆلەم 8400 گېكتار، خىمىيىلىك ئۇسۇلدا ياۋا ئوت - چۆپ يوقىتىلغان كۆلەم 324 مىڭ 700 گېكتار، باشقا كېسەللىك، ھاشارات ئاپىتىدىن مۇداپىئە كۆرۈلگەن ۋە ئۇ يوقىتىلغان كۆلەم 251 مىڭ 600 گېكتار. ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانچىلىق دورىسىنىڭ يېڭى تۈرى، يېڭى ياسالمىسىدىن 31ى كىرگۈزۈلدى، سىناق قىلىندى ۋە ئۈلگە كۆرسىتىلدى. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك تارماقلىرى كېسەللىك، ھاشاراتلارنى كۆزىتىپ مەلۇم قىلىش كۈچىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كېسەللىك، ھاشارات ئاپىتىنى ئالدىن كۆزىتىش، ئالدىن مەلۇم قىلىشنىڭ ۋاقىت ئۈنۈمى ۋە توغرىلىقىنى يۇقىرى كۆتۈردى، ئىلگىرى بار بولغان 17 كۆزىتىپ مەلۇم قىلىش كومپيۇتېر تور پونكىتى ئاساسىدا يەنە 7 كۆزىتىپ مەلۇم قىلىش پونكىتىدا كومپيۇتېر تورى يولغا قويۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 73 كۆزىتىپ مەلۇم قىلىش پونكىتى بىر يىلدا 1118 سان ئالدىن مەلۇمات بېرىش ماتېرىيالى تارقاتتى. 9 - ئايدا شىنجاڭ دېھقانچىلىق دورىلىرىنى باشقۇرۇش، تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئورنى قۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانچىلىق دورىلىرى بازىرىنى بىر ئاي كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈپ 1.5 توننا دېھقانچىلىق دورىسىنى تەكشۈردى، دېھقانچىلىق دورىسى جەھەتتە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 300 نەچچىسى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى.

**چېڭ پىڭ**

## يېزا ئىگىلىكىنى ئۈنۈۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇش تۈرى پىلانىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى

**يەرلەرنى تىزگىنلەش تۈرىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى**

1999 - يىلى 26 مىڭ 600 گېكتار ئوتتۇرا، تۆۋەن ھوسۇللۇق يەر ئۆزگەرتىلدى، دېھقانچىلىق قىلىشقا باب كېلىدىغان 11 مىڭ 300 گېكتار بوز يەر ئېچىلدى، 4800 گېكتار ئوتلاق، 2300 گېكتار ئىھاتە ئورمىنى بەرپا قىلىندى. تۈر قۇرۇلۇشىنىڭ ئورۇندىلىشى مۇنداق بولدى: 2049.63 كىلومېتىر ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىلدى ۋە راۋانلاشتۇرۇلدى. 586.14 كىلومېتىر ئېرىق - ئۆستەڭگە تاش ياتقۇزۇلدى، 70.55 كىلومېتىر تۇرۇبا كۆمۈلدى، كۆۋرۈك، سۇ ئەگكۈچ، چۈشۈرگە، كۆچۈرمە قاتارلىق سۇ ئىنشائاتلىرىدىن 3605ى ياسالدى، يېڭىدىن 273 ماشىنىلاشقان (يۇرۇشلەشكەن) قۇدۇق قېزىلدى، 218.92 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى توك يەتكۈزۈش سىم ئۆزگەرتىش لىنىيىسى يۇرۇشلەشتۈرۈلدى، 910.2 كىلومېتىر ماشىنا بىلەن تېرىقچىلىق قىلىش يولى ياسالدى، 27 مىڭ 400 گېكتار يەرنىڭ تۇپرىقى ياخشىلاندى، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ئېنېرگىيىلىك ماشىنىدىن 177 سى، يۇرۇشلەشكەن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنا - سايمانلىرىدىن 250ى سېتىۋېلىندى، دېھقان، چارۋىچىلار 4 مىليون 291 مىڭ 900 ئىش كۈنى ئەمگەك قىلدى.

**كۆپ خىل ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈرىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى** تېرىش - تىكىش تۈرىدە يېڭىدىن 1900 گېكتار يەردە ئىقتىسادىي ئورمان بەرپا قىلىندى، 13.3 گېكتار لاپاستا كۆكتات، 13.3 گېكتار لاپاستا گۈل - گىياھ ئۆستۈرۈلدى، 20 گېكتار يەرگە باشقا ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى؛ باقمىچىلىق تۈرىدە 30 مىڭ 900 تۇياق (دانە) چارۋا، ئۆي قۇشى يېڭىدىن كۆپەيدى؛ پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە مۇلازىمەت تۈرىدىن 4ى يېڭىدىن ياسالدى، 2 سى كېڭەيتىلدى. كۆپ خىل ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈرىنىڭ يولغا قويۇلۇشى نەتىجىسىدە شىنجاڭنىڭ داڭلىق، ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى، شۇنىڭدەك دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى باقمىچىلىق ۋە يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش تەرەققىي قىلىپ، يەرلىك ئىقتىسادنىڭ ئۆسۈشىگە تۈرتكە بولدى، يېزا ئىگىلىكىنى ئۈنۈۋېرسال ئېچىش تۈرلىرى

رايونىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئۇنۇمىنى ۋە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى ئۆستۈردى.

شى شياڭچيەن

## 99′ جۇڭگو خەلقئارا يېزا ئىگىلىك كۆرگەزمىسىگە قاتنىشىلدى

1999 - يىل 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە شىنجاڭ ۋە بىڭتۇەن ئۆز ئالدىغا ئۆمەك تەشكىللەپ بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن 99′ جۇڭگو خەلقئارا يېزا ئىگىلىك كۆرگەزمىسىگە قاتناشتى، ئۇلارنىڭ 33 مەھسۇلاتى كۆرگەزمىدە «داڭلىق مەھسۇلات» دېگەن نامغا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە بىڭتۇەننىڭ 9.

ماخمۇت ئابدۇللا

## شىنجاڭنىڭ داڭلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى تۇنجى قېتىم ئېتىراپ قىلىندى

1999 - يىلى جايلارنىڭ كۆرسىتىشى، شىنجاڭ داڭلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى بېكىتىش كومىتېتىنىڭ ئېتىراپ قىلىشى ئارقىلىق، بايىنغولىن ئوبلاستىدىكى سايدۆڭ باغۋەنچىلىك مەيدانى ئىشلەپچىقارغان «سايدۆڭ» كورلا نەشپۈتى، شىنجاڭ غەربىي يۇرت ئۇرۇقچىلىق (گۇرۇھ) شىركىتى ئىشلەپچىقارغان «غەربىي يۇرت» تاۋۇز ئۇرۇقى، تۇرپان ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە كۆرسەتكەن تۇرپاننىڭ «ئالتۇن خانىش» قوغۇنى، ئۇرۇقسىز ئاق ئۈزۈمى، ئاقسۇ «قىزىل بايراق» دېھقانچىلىق مەيدانى ئىشلەپچىقارغان قىزىل رەڭلىك كۆركەم نەشپۈت، دۆربىلجىن زاراڭزا يېغى زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان «تارباغاتاي دالىسى» ساپ زاراڭزا ساغلاملىق يېغى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك چوڭ چىلان تەرەققىيات مەركىزى ئىشلەپچىقارغان قۇمۇل چوڭ چىلىنى، شىنجاڭ ۋېي جەمەتى سودا شىركىتى ئىشلەپچىقارغان «دوغىلاق ئارا» ئالقات قاتارلىق 8 خىل يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى شىنجاڭنىڭ تۇنجى داڭلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى بولۇپ قالدى.

شىنجاڭنىڭ داڭلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى دېگەن نامغا ئېرىشكەن مەھسۇلاتلارنىڭ مەھسۇلات تونۇشتۇرۇشى ۋە ئېلان تەشۋىقاتىدا «شىنجاڭنىڭ داڭلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى» دېگەن نامنى ئىشلىتىشكە، مەھسۇلات ئورالمىسىغا «شىنجاڭ داڭلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى» دېگەن بەلگىنى بىر تۇتاش قوللىنىشقا بولىدۇ. شىنجاڭنىڭ داڭلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى دېگەن نام 2 يىل قوللىنىلىدۇ.

ماخمۇت ئابدۇللا

## 1998 - يىللىق ئاشلىق، پاختا ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئىلغار ئورۇنلار

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئاشلىق، پاختا قاتارلىق ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىشتا ئۆتتۈرىغا چىققان مول بېشى ساپ پاختا ھوسۇلىنى 200 جىڭغا يەتكۈزگەن 18 ناھىيە (شەھەر)، پاختا ھوسۇلىنى 1 مىليون دەنگە يەتكۈزگەن 4 ناھىيە (شەھەر) ئاشلىقتا مو بېشى ھوسۇلىنى بىر تونىغا يەتكۈزگەن 2 ناھىيىنى تەقدىرلىدى.

پاختىدا مو بېشى ھوسۇلىنى 200 جىڭغا يەتكۈزگەن ناھىيە (شەھەر) لەر: شايار، مارالبېشى، ئاۋات، ماناس ناھىيىلىرى، ئاقسۇ شەھىرى، لوپنۇر، يوپۇرغا، پوسكام، چەرچەن ناھىيىلىرى، شىخو شەھىرى، ساۋەن، ئونسۇ، مەكىت، جىڭ ناھىيىلىرى، بورتالا، قۇمۇل شەھەرلىرى، بۆگۈر، كۇچا ناھىيىلىرى.

پاختا ھوسۇلىنى 1 مىليون تونىغا يەتكۈزگەن ناھىيە (شەھەر) لەر: مارالبېشى، ئاۋات، يەكەن، شايار ناھىيىلىرى.

ئاشلىق مو بېشى ھوسۇلىنى بىر تونىغا يەتكۈزگەن ناھىيە (شەھەر) لەر: خوتەن شەھىرى، پوسكام ناھىيىسى.

ۋەن شىنەي

## دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق سىستېمىسىدىكى ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانىنى باھالاپ بېكىتىش خىزمىتى ئەھۋالى

1999 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 4 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق سىستېمىسى ئۇنۋان ئىسلاھاتى ئىشخانىسى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بويىچە 2 ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانىنى باھالاش كومىتېتى ئاپتونوم رايون بويىچە ئالىي دەرىجىلىك دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانى ئېلىشنى ئىلتىماس قىلغان 211 كەسپىي تېخنىكا خادىمىنى باھالاپ بېكىتىشنى تەشكىللىدى، ئۇلار ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانى ئالىدىغان 136 كىشىنى باھالاپ چىقتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي ئاگرانوم 71، ئالىي يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادچى 11، ئالىي چارۋىچىلىق تېخنىكى 30، ئالىي مال دوختۇرى 24.

يۈەن شىلىن

## يېزا ئىقتىسادى ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادى كۆپ خىل تەبىئىي ئاپەتكە ۋە مەملىكەت خاراكتېرلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرىنىڭ سۇسلاپ كېتىشى، باھانىڭ چوڭ ھەجىمدە چۈشۈپ كېتىشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى، دېھقان، چارۋىچىلار كىرىمىنىڭ كۆپىيىشى مىسلى كۆرۈلمىگەن قىيىنچىلىقلارغا يولۇقتى.

1. يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىنىڭ ئاساسىي

ئالاھىدىلىكلىرى:

1) يېزا ئىقتىسادى جەھەتتە ئومۇمىي كىرىم ئازلاپ كەتتى. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىقتىسادى جەھەتتىكى ئومۇمىي كىرىم 34 مىليارد 60 مىليون يۈەن بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن %7.1 ئازلاپ كەتتى. ئازلاش ھەجمى ئەڭ زور بولغان ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ %26.1، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ %25.7، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ %14.3 تۆۋەنلەپ كەتتى. يېزىلاردىكى كەسىپلەرنىڭ كەمۋالىدىن قارىغاندا، دېھقانچىلىق كىرىمى %20.6 تۆۋەنلىگەن، ئورمانچىلىق كىرىمى %26.9 ئاشقان، چارۋىچىلىق كىرىمى %18.5 ئاشقان، بېلىقچىلىق كىرىمى %2.5 تۆۋەنلىگەن، 2 - كەسىپ كىرىمى %4.9، 3 - كەسىپ كىرىمى %11.3 ئاشقان. ئاپتونوم رايوننىڭ دېھقانچىلىق كىرىمى يېزا ئىقتىسادى كىرىمىنىڭ %60ىدىن كۆپرەكىنى، بۇنىڭ ئىچىدە پاختا كىرىمى دېھقانچىلىق كىرىمىنىڭ %80 تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدىغان بولغاچقا، 1999 - يىلى ئاشلىق باھاسى چۈشۈپ كەتتى، بۇغداينىڭ ھەر كىلوگرامى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 0.15 يۈەن، كۆممىقوناقنىڭ 0.20 يۈەن تۆۋەنلىدى، پاختىنىڭ 50 كىلوگرامى 570 يۈەندىن 370 يۈەنگەچۈشۈپ قالدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق كىرىمى 6 مىليارد 269 مىليون يۈەن بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 1 مىليارد 273 مىليون يۈەن، پاختا كىرىمى 5 مىليارد 618 مىليون يۈەن بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 3 مىليارد 446 مىليون يۈەن ئازلاپ كەتتى؛ 2 تۈرنى قوشقاندا ئازلىغىنى 4 مىليارد 719 مىليون يۈەن، ئوتتۇرىچە ئازلىغىنى 530 يۈەن چامىسىدا بولدى. گەرچە يېزىلاردىكى 2 ، 3 - كەسىپلەرنىڭ كىرىمى ئازراق ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىگىلىگەن ئۈلۈشى ئاز بولغاچقا، دېھقانچىلىق كىرىمىنىڭ ئازلاپ كەتكەن قىسمىنى تولدۇرالمايدۇ.

2) يېزا ئىقتىسادىنىڭ ئومۇمىي سەرپىياتى نىسپىي تۆۋەنلەپ، دەسمايىنى تېجەپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش تەدبىرىدە نەتىجە قازىنىلدى. 1999 - يىلى ۋىلايەت، ئوبلاست (شەھەر) لەر ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى باھاسىنى چۈشۈرۈش ۋە يەرنى كۆزىتىپ كۆۋادرات بويىچە ئوغۇتلاش قاتارلىق بىر يۈرۈش دەسمايىنى تېجەپ، ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت تېجەشلىك تېخنىكا تەدبىرىنى قوللىنىپ، يېزا ئىگىلىك سەرپىياتىنى 1998 - يىلدىكىدىن بىر ئاز تۆۋەنلەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىقتىسادىنىڭ ئومۇمىي سەرپىياتى 1998 - يىلدىكىدىن 1 مىليارد 261 مىليون يۈەن ئازايتتى، كىشى بېشىغا توغرا كەلگىنى 142 يۈەن بولۇپ، %6.3 تۆۋەنلىدى، ئومۇمىي كىرىمنىڭ تۆۋەنلەش ھەجمىدىن 0.8 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەن بولدى.

3) دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ سېلىقىنى ئازارەت قىلىپ باشقۇرۇش سالمىقى زورايتىلدى. جايلار ۋە تارماقلار نامۇۋاپىق ھەق تۈرىدىن 490 تۈر (قېتىم) نى ئەمەلدىن قالدۇردى، بۇنىڭ سوممىسى 290 مىليون يۈەن بولۇپ، كىشى بېشىغا يېنىكلىگەن سېلىق 33.4 يۈەندىن توغرا كەلدى.

4) دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە تاپاۋىتى تۆۋەنلەپ كەتتى، قايتىدىن نامراتلاشقان دېھقان ئائىلىسى كۆپەيدى. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1503 يۈەن بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 109 يۈەن ئازلاپ، %6.8 تۆۋەنلەپ كەتتى. شىمالىي شىنجاڭ بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىم پەرقى يەنىلا بىر قەدەر چوڭ، شىمالىي شىنجاڭدا ئوتتۇرىچە كىرىم 2291 يۈەن بولۇپ، %3.7 ئاشتى؛ جەنۇبىي شىنجاڭدا 1008 يۈەن بولۇپ، %18.6 تۆۋەنلىدى، ئارىلىقتىكى پەرق 1283 يۈەن بولدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 85 ناھىيە - شەھەر ئىچىدە ماناس ناھىيىسى 1 - ئورۇندا بولۇپ، كىشى بېشىغا 4158 يۈەندىن توغرا كېلىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %6.9، ئەڭ تۆۋەن بولغىنى تاشقورغان ناھىيىسى بولۇپ، كىشى بېشىغا 477 يۈەندىن توغرا كېلىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %23.8 تۆۋەنلەپ كەتتى. ئاپتونوم رايوننىڭ كىيىم يېتىپ، قورساق توق بولۇش ئۆلچىمى بويىچە ھېسابلىغاندا، 1999 - يىلى ئوتتۇرىچە كىرىمى 670 يۈەندىن تۆۋەن دېھقان ئائىلىسى 396 مىڭ 100 بولۇپ، ئومۇمىي دېھقان ئائىلىسىنىڭ %20.6 نى ئىگىلەپ، 1998 - يىلدىكىدىن 155 مىڭ ئائىلە كۆپەيگەن؛ ئوتتۇرىچە كىرىمى 670 يۈەندىن تۆۋەن بولغان نوپۇس 1 مىليون 849 مىڭ 200 بولۇپ، يېزىلاردىكى نوپۇسنىڭ %20.8نى ئىگىلەپ، 1998 - يىلدىكىدىن 708 مىڭ ئادەم كۆپەيگەن.

2. يېزا ئىقتىسادىدا ساقلىنىۋاتقان ئاساسلىق مەسىلىلەر:

1) دېھقانلارنىڭ كىرىم مەنبەسى بىرلا خىل. 1999 - يىلى ئاشلىق، پاختا، گۆش قاتارلىق يېزا ئىگىلىكى ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنىڭ زور ھەجىمدە چۈشۈپ كېتىشى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىشكە غايەت زور قىيىنچىلىق ئېلىپ كەلدى. دېھقانلار كىرىمىنىڭ تۈۋرۈكى زىرائىتى بولغان پاختىنىڭ باھاسى يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئەڭ تۆۋەن نۇقتىغا چۈشۈپ قالدى. ھېسابلاشقا قارىغاندا، پەقەت پاختا كىرىمىدىن ئىبارەت بىر تۈردىلا ھوسۇل تۆۋەنلەپ كېتىپ، ئوتتۇرىچە كىرىم 52 يۈەن ئازلاپ كەتكەن؛ باھا ئامىلى تۆۋەنلەپ كېتىپ، ئوتتۇرىچە كىرىم 387 يۈەن ئازلىغان؛ 2 تۈرنى قوشقاندا ئوتتۇرىچە كىرىم (ساپ كىرىم بويىچە) 439 يۈەن ئازلىغان.

2) يېزىلاردىكى كەسىپ قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق ئەمەس، غەيرىي يېزا ئىگىلىك كەسىپىنىڭ تەرەققىياتى بىر قەدەر ئاستا. ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىقتىسادىدا 1 - كەسىپ %60.6نى، 2 - كەسىپ %19.9نى، 3 - كەسىپ %19.5نى ئىگىلەيدۇ. ئاپتونوم رايون بويىچە 1 - كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئەمگەك كۈچى ئومۇمىي ئەمگەك كۈچىنىڭ %94.2نى، 2 -، 3 - كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار %5.8نى ئىگىلەيدۇ. دېھقانلار كىرىمى ئاساسلىقى يەرگە باغلىنىپ قالغان. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانلارنىڭ سىرتقا چىقىپ قىلغان ئەمگەك مۇلازىمىتىدىن كىرگەن كىرىمى 214 مىليون يۈەن بولۇپ، كىشى بېشىغا 24 يۈەندىن توغرا كەلگەن، ئەمما سىرتتىن كەلگەن دېھقانلارنىڭ ئېلىپ كەتكەن ئەمگەك مۇلازىمىتى كىرىمى 417 مىليون يۈەن بولۇپ، كىشى بېشىغا 47 يۈەندىن توغرا كېلىدۇ. غەيرىي يېزا ئىگىلىك كەسىپىنىڭ ئارقىدا قېلىشى، كىرىم مەنبەسىنىڭ يۇقىرى بولماسلىقى يېزا ئىگىلىك ئۈنۈمىنىڭ يەنىمۇ ئۆسۈشىگە تەسىر كۆرسىتىپ ۋە ئۇنى چەكلەپ، دېھقانلارنىڭ مەبلەغ سېلىش ئىقتىدارىنىڭ، تەبىئىي ئاپەتكە ۋە بازار خەۋپ - خەتىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

3) يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىشى راۋان بولماي، دېھقانلار كىرىمىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە تەسىر يەتتى. ئىگىلەشلەرگە قارىغاندا، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى زور ھەجىمدە چۈشۈپ كەتكەنلىكتىن، بازار پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قېلىپ، قىسمەن يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى دېھقانلارنىڭ قولىدا بېسىلىپ قالغان. مەلۇماتقا قارىغاندا، دېھقانلار تاپاۋىتى ئومۇمىي سوممىسى ئىچىدە، پۇل كىرىم تاپاۋىتى 7 مىليارد 890 مىليون يۈەن بولۇپ، %59 نى، ئەمەلىي نەرسە كىرىم تاپاۋىتى 5 مىليارد 491 مىليون يۈەن بولۇپ، %41نى ئىگىلىگەن. دېھقانلار ئىستېمالىنى چىقىرىۋەتكەندە يەنىلا ئاز كەم 1 مىليارد يۈەنلىك مەھسۇلاتنىڭ دېھقانلار قولىدا بېسىلىپ قالغانلىقى دېھقانلار ئىستېمال سەۋىيىسىگە ۋە كېيىنكى يىللىق ئىشلەپچىقىرىش سېلىنمىسىغا بىۋاسىتە تەسىر يەتكۈزگەن.

4) كەنتكە قالدۇرۇش ۋە يېزا بىر تۇتاش جۇغلاشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش قىيىن. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك توختام پۇلى 1 مىليارد 128 مىليون يۈەن بولۇپ، 700 مىليون يۈەن ئەمەلىيلەشكەن، 428 مىليون يۈەن تېخى ئەمەلىيلەشمىگەن يېزىلاردىكى كوللېكتىپ مەبلەغدىن يىغىۋېلىشقا تېگىشلىك پۇل 2 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يېزا ئىگىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا ۋە يېزىلاردىكى جامائەت پاراۋانلىقى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر يەتكەن.

غالىپ مەشرەپ

ئاپتونوم رايوننىڭ 1999 - يىلدىكى يېزا ئىقتىسادىي تاپاۋىتىنىڭ تەقسىم قىلىنىشىغا دائىر مەلۇماتنىڭ سېلىشتۇرمىسى

بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| تۈرلەر | 1998 - يىلى | 1999 - يىلى | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقان - كېمەيگىنى % |
|---|---|---|---|
| 1. ئومۇمىي كىرىم | 3664481 | 3406020 | -7.1 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: مەھسۇلات سېتىش كىرىمى | 2045371 | 1701920 | -16.8 |
| (1) يېزا ئىگىلىك كىرىمى | 2062167 | 1637276 | -20.6 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: ئاشلىق كىرىمى | 755212 | 627870 | -16.9 |
| پاختا كىرىمى | 906363 | 561841 | -38.0 |
| (2) ئورمانچىلىق كىرىمى | 25515 | 32381 | 26.9 |
| (3) چارۋىچىلىق كىرىمى | 324573 | 384585 | 18.5 |
| (4) بېلىقچىلىق كىرىمى | 7195 | 7012 | -2.5 |
| (5) 2 - كەسىپ كىرىمى | 647962 | 679994 | 4.9 |
| (6) 3 - كەسىپ كىرىمى | 597069 | 664772 | 11.3 |
| 2. ئومۇمىي خىراجەت | 2008856 | 1882830 | -6.3 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 3. ساپ كىرىم | 1655625 | 1523190 | -8.0 |
| 4. دېھقانلارنىڭ سىرتتىكى ئەمگەك مۇلازىمىتى كىرىمى | 16217 | 21362 | 31.7 |
| 5. تەقسىم قىلىنىدىغان ساپ كىرىم ئومۇمىي سوممىسى | 1672216 | 1544981 | -7.6 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: (1) دۆلەت بېجى | 75921 | 76170 | 0.3 |
| (2) يېزا - كەنتلەرنىڭ كوللېكتىپ تاپاۋىتى | 93462 | 72116 | -22.8 |
| (3) دېھقانلارنىڭ تىجارەت تاپاۋىتى | 1402311 | 1318064 | -6.0 |
| 6. دېھقانلار تاپاۋىتى سوممىسى | 1418645 | 1338134 | -5.7 |
| كىشى بېشىغا توغرا كەلگىنى (يۈەن) | 1612 | 1503 | -6.8 |
| ئومۇمىي نوپۇس (ئادەم) | 8800650 | 8901697 | 1.1 |

## دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 423.86 يۈەن تۆۋەنلەپ كەتتى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1998 - يىلدىكىدىن %7.9 تۆۋەنلەپ كەتتى، بۇ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئېشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان تۇنجى قېتىم كۆرۈلگەن مەنپىي ئۆسۈش.

ش ئۇ ئا ر يېزىلارنى ۋە شەھەرلەرنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ماتېرىيالىغا ئاساسەن پەرەز قىلغاندا، 1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى دېھقانلارنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىپ ئېرىشكەن نەق پۇل كىرىمى كىشى بېشىغا 1727.72 يۈەندىن توغرا كەلگەن، ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش باھا كۆرسەتكۈچى %19.7 چۈشۈپ كەتكەن، دېھقانلارنىڭ شۇ سەۋەبتىن كېمىيىپ كەتكەن كىرىمى كىشى بېشىغا تەخمىنەن 423.86 يۈەندىن توغرا كەلگەن، بۇنىڭ ئىچىدە پاختىنىڭ ھەر كىلوگىرامىنىڭ باھاسى 4 يۈەندىن چۈشۈپ كېتىپ، كىرىم 315.28 يۈەن ئاشلىقنىڭ باھاسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %14.4 چۈشۈپ كېتىپ، 57.12 يۈەن؛ ياغلىق دانىنىڭ باھاسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %15.5 چۈشۈپ كېتىپ، كىرىم 12.84 يۈەن؛ قىزىلچىنىڭ باھاسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %20.7 چۈشۈپ كېتىپ، 17.61 يۈەن كەملەپ كەتكەن.

دۈەن شياۋخۇا

## يېزا ھەمكارلىق ئىقتىسادى جەھەتتىكى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك

1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە 47 ناھىيە (شەھەر)، 628 يېزا (بازار) دا يېزا ھەمكارلىق ئىقتىسادى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئاپپاراتى قۇرۇلۇپ، 2963 ئىقتىسادىي مۇپەتتىش سەپلەندى. 1999 - يىلى 6213 ئورۇن ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەپتىشلىك قىلىندى، ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىنغان سومما 5 مىليارد 659 مىليون يۈەن بولۇپ، %30.18 كۆپەيدى. ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىش ئارقىلىق، ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان 1149 ئورۇن ئېنىقلاپ بىر تەرەپ قىلىندى، ئېنىقلانغان ئىنتىزامغا خىلاپ سومما 49 مىليون 170 مىڭ يۈەن، خىيانەتچىلىك دېلوسى 374، بۇنىڭ ئىچىدە سوممىسى 10 مىڭ يۈەندىن ئاشىدىغان خىيانەتچىلىك دېلوسى 107، خىيانەت قىلىنغان پۇل 5 مىليون 480 مىڭ يۈەن. ئېغىر ئىقتىسادىي مەسىلىسى بار 557 ئادەمگە چارە كۆرۈلدى، 2 مىليون 280 مىڭ يۈەن خىيانەت پۇلى قايتۇرۇۋېلىندى.

چېن شياۋ

## يېزا ھەمكارلىق فوندى جەمئىيىتى تەرتىپكە سېلىندى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى بارلىق يېزا ھەمكارلىق فوندى جەمئىيىتى ئىش بېجىرىشتىن توختىتىلدى ۋە تاقالدى، ئۇلارنىڭ ھەقدارلىق ۋە قەرزدارلىقى ئېنىقلىنىۋاتىدۇ.

گۈلپىيە غوپۇر

## يەرلىك دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانلىرى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى يەرلىك دۆلەت دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك مەيدانلىرىنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 735 مىليون 90 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن %13.9 تۆۋەنلەپ كەتتى؛ تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 90 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %20.2 ئاشتى؛ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىم 2161 يۈەن

بولۇپ، 133 يۈەن ئازلىدى؛ ئاشلىق ھوسۇلى 164 مىڭ 500 توننا بولۇپ، 1998 ـ يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ يافلىق دان ھوسۇلى 12 مىڭ 856 تونىنغا يېتىپ، %4. 64 ئاشتى؛ پاختا ھوسۇلى 30 مىڭ 249 توننا بولۇپ، %18 كېمەيدى؛ شېكەر ماتېرىياللىرى 115 مىڭ 967 توننا بولۇپ، %7. 15 تۆۋەنلىدى؛ مېۋە ـ چېۋە 69 مىڭ 317 تونىنغا يېتىپ، %5. 42 ئاشتى؛ گۆش 9201 تونىنغا يېتىپ، %9. 19 ئاشتى؛ ئۆي قۇشلىرى، تۇخۇم 13 مىڭ 211 تونىنغا يېتىپ، %9. 36 ئاشتى؛ سۈت مەھسۇلاتلىرى 1180 تونىنغا يېتىپ، %8. 3 ئاشتى.

1999 ـ يىلى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا چوڭ دېھقانچىلىق مەيدانلىرى كىچىك دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشتەك بىرلىككە كېلىش بىلەن ئايرىلىش بىرلەشتۈرۈلگەن قوش قاتلاملىق ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. سايدۆڭ باغۋەنچىلىك مەيدانى قاتارلىق ئورۇنلار تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىپ، شىنجاڭ كورلا نەشپۈتچىلىك پاي چەكلىك شىركىتى بولۇپ قۇرۇلدى. پۇخۇي دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە سانجى شەھەرلىك باغۋەنچىلىك مەيدانىمۇ شىركەت قانۇنىغا ئاساسەن پاي تۈزۈمگە ئۆزگەرتىشنى يولغا قويدى ۋە باشقا دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ياكى كارخانىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ پاي چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قۇردى. سايدۆڭ باغۋەنچىلىك مەيدانى بىلەن سانجى شەھەرلىك باغۋەنچىلىك مەيدانى بازارغا كىرىدىغان شىركەت قۇرۇش ئۈچۈن ئاكتىپ تەييارلىق قىلماقتا.

يەرلىك دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانلىرى، باغۋەنچىلىك مەيدانلىرى ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى ئۈزلۈكسىز تەڭشەپ ۋە سەرخىللاشتۇرۇپ، كەسىپلەشكەن ئىگىلىك باشقۇرۇشنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، «مول ھوسۇل 3 ـ» مەيدانى، پۇخۇي، «مول ھوسۇل 1 ـ» مەيدانى، خاتۇبۇخ، باجياخۇ قاتارلىق دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ۋەكىللىكىدىكى يۇقىرى ھوسۇل، ئەلا سۈپەتلىك پاختا رايونىنى، سايدۆڭ باغۋەنچىلىك مەيدانى ۋەكىللىكىدىكى نەشپۈت؛ ئاۋات، ئۇلاستاي دېھقانچىلىق مەيدانى ۋەكىللىكىدىكى پەمىدۇر قىيامى؛ پىچان، خوڭلىيۇخې، ماناس باغۋەنچىلىك مەيدانى ۋەكىللىكىدىكى ئۈزۈم ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاش، سېتىش بىرگەۋدىلەشتۈرۈلگەن، دەسلەپكى قەدەمدە كەسىپلەشكەن ئىگىلىك باشقۇرۇش ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈردى.

خۇاڭ لۇخېبې

ئاپتونوم رايوندىكى ۋىلايەت، ئوبلاست (شەھەر) دېھقانلىرىنىڭ 1999 ـ يىلدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمىنىڭ سېلىشتۇرمىسى

بىرلىكى: يۈەن

| رايونلار | ئوتتۇرىچە كىرىم | | |
|---|---|---|---|
| | 1998 ـ يىلى | 1999 ـ يىلى | ±% |
| ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇمىي جەمئىي | 1612 | 1503 | -6.8 |
| 1. شىمالىي شىنجاڭ بويىچە جەمئىي | 2209 | 2291 | 3.7 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 3049 | 3151 | 3.3 |
| قاراماي شەھىرى | 3377 | 3075 | -8.9 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 2115 | 2141 | 1.2 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 1695 | 1695 | 0.0 |
| سانجى ئوبلاستى | 2937 | 2965 | 1.0 |
| ئىلى ۋىلايىتى | 1635 | 1796 | 9.8 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 2665 | 2707 | 1.6 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | 1762 | 2010 | 14.1 |
| بورتالا ئوبلاستى | 2574 | 2463 | -4.3 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 2. جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە جەمئىي | 1239 | 1008 | -18.6 |
| باينغولىن ئوبلاستى | 2155 | 2312 | 7.3 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 1743 | 1250 | -28.3 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | 1145 | 942 | -17.7 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 1076 | 854 | -20.6 |
| خوتەن ۋىلايىتى | 851 | 723 | -15.0 |

# دېھقانچىلىق

## دېھقانچىلىقتىن «مول ھوسۇل ئېلىش پىلانى»

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق بويىچە «مول ھوسۇل ئېلىش پىلانى» تۈرىدىن 7نى ئۈستىگە ئالدى، بۇلارنىڭ كۆلىمى 320 مىڭ گېكتار، بۇنىڭ ئىچىدە 1998 - يىلدىكىدىن داۋاملاشتۇرۇلغىنى 3 تۈر بولۇپ، كۆلىمى 167 مىڭ گېكتار. بۇلار: «بۇغداي ئۇرۇقىنى قاپلاش ۋە ئۈنۈمۈبىرسال يۇرۇشلەشتۈرۈش تېخنىكىسى»، بۇنىڭ كۆلىمى 47 مىڭ گېكتار، «كېۋەزگە كەڭ ئەنلىك سۇلىياۋ يوپۇق يېپىپ، ھوسۇلنى ئۈنۈمۈبىرسال ئاشۇرۇش تېخنىكىسى»، بۇنىڭ كۆلىمى 100 مىڭ گېكتار، «قىزىلچىنىڭ سورتىنى ياخشىلاپ ۋە يۈرۈشلەشتۈرۈپ ھوسۇلنى ئاشۇرۇش تېخنىكىسى»، بۇنىڭ كۆلىمى 20 مىڭ گېكتار. 1999 - يىلى يېڭىدىن يولغا قويۇلغان تۈر 4 بولۇپ، كۆلىمى 153 مىڭ گېكتار. بۇلار: «سۇلىياۋ يوپۇق يېپىپ، ئەلا سۈپەتلىك بۇغداي ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى»، بۇنىڭ كۆلىمى 40 مىڭ گېكتار، «سۇلىياۋ يوپۇق يېپىپ يۇقىرى ھوسۇللۇق كۆممىقوناق ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى»، بۇنىڭ كۆلىمى 33 مىڭ گېكتار، «كېۋەزنى پاكار غوللۇق، قويۇق بالدۇر ئېچىلىدىغان قىلىپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى»، بۇنىڭ كۆلىمى 80 مىڭ گېكتار ۋە «شىمالدىكى ‹تۆتنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش› ئېكولوگىيىلىك ئەندىزىسى» بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش ئائىلىسىدىن 80نى يېتىشتۈرۈش. ئاپتونوم رايون ئورۇنلاشتۇرغان دېھقانچىلىقتىن «مول ھوسۇل ئېلىش پىلانى» تۈرى 7 بولۇپ، كۆلىمى 322 مىڭ گېكتار. بىر يىل يولغا قويۇش ئارقىلىق ئاپتونوم رايون بويىچە تۈرلۈك «مول ھوسۇل ئېلىش پىلانى» تۈرىدىن 14ى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، بۇلارنىڭ كۆلىمى 601 مىڭ گېكتار، بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي 177 مىڭ گېكتار، كۆممىقوناق 114 مىڭ گېكتار، كېۋەز 288 مىڭ گېكتار، قىزىلچا 20 مىڭ گېكتار، كۆكتات 2000 گېكتار ۋە شىمالدىكى «تۆتنى بىرگەۋدىلەشتۈرۈش» ئېكولوگىيىلىك ئەندىزىسى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىدىغان ئائىلىدىن يېتىشتۈرۈلىدىغىنى 75.

ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋالغاندىكى مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن دېھقانچىلىقتىن «مول ھوسۇل ئېلىش پىلانى»دىكى ئاشلىق زىرائىتى كۆلىمى 291 مىڭ گېكتار بولۇپ، ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق زىرائىتى كۆلىمىنىڭ %83. 18نىنى، ئېلىنغان ئاشلىق 2 مىليون 117 مىڭ توننا بولۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئېلىنغان ئاشلىقنىڭ %35. 25نى ئىگىلىگەن، ھەر گېكتارنىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك ھوسۇلى 4. 7269 كىلوگرامغا يەتكەن؛ كېۋەز كۆلىمى 288 مىڭ گېكتار بولۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە كېۋەز كۆلىمىنىڭ %01. 29نى، ساپ پاختا ھوسۇلى 441 مىڭ 400 توننا بولۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ساپ پاختا ھوسۇلىنىڭ %70. 32نى ئىگىلىگەن، ھەر گېكتارنىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك ھوسۇلى ساپ پاختا ھېسابىدا 1533.2 كىلوگرامغا يەتكەن؛ قىزىلچا كۆلىمى 20 مىڭ گېكتار، ھوسۇلى 967 مىڭ 200 توننا بولۇپ، ھەر گېكتارنىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك ھوسۇلى 48 مىڭ 684 كىلوگرام بولغان. شىمالدىكى «تۆتنى بىرگەۋدىلەشتۈرۈش» ئېكولوگىيىلىك ئەندىزىسى بويىچە ئۈلگىلىك ئائىلە 75، بۇنىڭ ئىچىدە شىخۇ شەھىرىدىكى باشىخۇ يېزىسىدىكى 30 ئۈلگىلىك ئائىلىنىڭ ساپ كىرىمى 330 مىڭ يۈەنگە، ئائىلە بويىچە ئوتتۇرىچە ساپ كىرىم 11 مىڭ يۈەنگە يەتكەن.

1999 - يىلى جايلار 6 مىليون 539 مىڭ يۈەن مەبلەغ جۇغلاپ، دېھقانچىلىقتىن «مول ھوسۇل ئېلىش پىلانى» تۈرىنى يولغا قويۇشقا ئىشلەتتى، 472 مىڭ توننا خىمىيۋى ئوغۇت، 144 مىڭ توننا سۇلىياۋ يوپۇق، 3098 توننا دېھقانچىلىق دورىسى ئېلىندى ھەمدە 1582 كادىر ۋە ھەر دەرىجىلىك دېھقانچىلىق پەن - تېخنىكا خادىملىرى بۇ تۈرلەرنى

يولغا قويۇش خىزمىتىگە قاتناشتى، 2104 قېتىم نەق مەيدان يىغىنى ئېچىلدى، يىغىنغا 143 مىڭ ئادەم (قېتىم) قاتناشتى. 5217 قارار ھەرخىل شەكىلدىكى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، 801 مىڭ ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى. پەن - تېخنىكىغا دائىر ماتېرىيالدىن 653 مىڭ نۇسخا بېسىپ تارقىتىلدى.

لىيۇ يۇڭزى

## ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندا ئاشلىق تېرىلغان كۆلەم 1 مىليون 522 مىڭ گېكتار بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 52 مىڭ گېكتار ئازىيىپ كەتتى؛ ئومۇمىي ھوسۇل 8 مىليون 350 مىڭ توننىغا يېتىپ، 0.6% ئاشتى. 1998 - يىلدىكى ئاشلىقنى سېتىش قىيىن بولۇش ۋە بازاردىكى ئېھتىياج ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئاشلىقنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ سەرخىللاشتۇرۇش قەدىمى تېزلىتىلىپ، ئەلا سۈپەتلىك بۇغداي، پۇرچاق تۈرى ۋە ئۇششاق قارا ئاشلىق كۆلىمى مۇۋاپىق كۆپەيتىلدى. ئەلا سۈپەتلىك مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان بۇغداي سورتلۇق ئۇرۇقى بازىسى قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى، ئەلا سۈپەتلىك، مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان بۇغداي يېتىشتۈرۈش كۆلىمى 20 مىڭ گېكتارغا يەتتى.

چيۇ جيەنمىن

## پاختا ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە كېۋەز تېرىلغان كۆلەم 996 مىڭ گېكتار بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 3333.3 گېكتار ئازلاپ كەتتى؛ ئومۇمىي ھوسۇلى 1 مىليون 350 مىڭ توننا بولۇپ، 3.6% كەملىدى. 1998 - يىلى پاختا سېتىش قىيىن بولۇش، باھا زور ھەجىمدە چۈشۈپ كېتىش ئەھۋالىغا ئاساسەن، كېۋەز سورتلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى يەنىمۇ تەڭشىلىپ ۋە سەرخىللاشتۇرۇلۇپ، دەسمايىنى تېجەپ ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش، مەھسۇلاتنى ۋە ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش، پاختا سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش جەھەتتە تىرىشىپ كۈچ سەرپ قىلىندى. ئاساسلىق ئۆستۈرۈلىدىغان كېۋەز سورتى 1998 - يىلدىكى 20 نەچچىدىن 12 گە چۈشۈرۈلۈپ، دۆلەت دەرىجىلىك تاللانغان ئۇرۇقچىلىق مەيدانى، قەھەتچىلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ئاپەتتىن قوغداش زاپاس ئامبىرى ۋە 6 پاختىچىلىق رايونىنىڭ تاللانغان ئۇرۇق بازىسى قۇرۇلۇشى نۇقتىلىق كۈچەيتىلىپ، مو بېشىدىن 100 كىلوگرام، 120 كىلوگرام ساپ پاختا ئېلىنىدىغان يۇقىرى ھوسۇللۇق كېۋەز تېرىش تېخنىكىسى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىلدى.

چيۇ جيەنمىن

## قىزىلچا ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە قىزىلچا تېرىلغان كۆلەم 79 مىڭ گېكتار بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 32 مىڭ گېكتار ئازلاپ كەتتى؛ ئومۇمىي ھوسۇلى 3 مىليون 542 مىڭ 400 توننا بولۇپ، 31% كېمەيدى. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا خەلقئارا شېكەر بازىرىنىڭ پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشى، باھانىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى، ئىمپورت قىلىنغان شېكەرنىڭ مەملىكەت بويىچە شېكەر بازارلىرىغا ھۇجۇم قىلىشى مەملىكەت ئىچىدىكى شېكەرنىڭ بېسىلىپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، شۇڭا ئاپتونوم رايوندا بازار ئەھۋالى كۆزدە تۇتۇلۇپ، قىزىلچا تېرىش كۆلىمى ئازايتىلدى.

چيۇ جيەنمىن

## ياغلىق دان ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ياغلىق دان تېرىلغان كۆلەم 327 مىڭ 200 گېكتارغا يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 115 مىڭ گېكتار كۆپەيدى؛ ئومۇمىي ھوسۇلى 604 مىڭ 600 توننىغا يېتىپ، 61.1% ئاشتى. ياغلىق دان زىرائەتلىرى تېرىلغان كۆلەم ئىچىدە، ياغلىق ئاپتاپپەرەس كۆلىمى 161 مىڭ 500 گېكتار بولۇپ، 49.4%نى؛ قىچا 107 مىڭ 600 گېكتار بولۇپ، 32.9%نى؛ زاراڭزا 37 مىڭ 300 گېكتار بولۇپ، 11.4%نى؛ زىغىر 17 مىڭ 900 گېكتار بولۇپ، 5.5%نى؛ خۇاسىڭ 2600 گېكتار بولۇپ، 0.8%نى ئىگىلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە كىشى بېشىغا 34.06 كىلوگرامدىن ياغلىق دان توغرا كەلدى.

1999 - يىلى دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش جەريانىدا، شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا ئاساسلىقى بۇغداي كۆلىمى ئازايتىلىپ، ياغلىق دان زىرائەتلىرى كۆلىمى كېڭەيتىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايون بويىچە ياغلىق دان زىرائەتلىرى تېز تەرەققىي قىلدى، بولۇپمۇ زاراڭزىچىلىقنىڭ تەرەققىياتى بەك تېز بولدى، 1999 - يىلى زاراڭزا تېرىلغان كۆلەم 1998 - يىلدىكىدىن بىر ھەسسىدىن ئارتۇق كۆپەيدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە ياغلىق دان زىرائەتلىرى كۆلىمىنىڭ تېزدىن كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ياغلىق دان ئىشلەپچىقىرىشتىمۇ بازار باھاسى چۈشۈپ كېتىش، سېتىش قىيىن بولۇش ۋە دېھقانلارنىڭ كىرىمى ئازلاپ كېتىش ھادىسىلىرى كېلىپ چىقتى، بولۇپمۇ زاراڭزا ئىشلەپچىقىرىشتا ئەھۋال بىر قەدەر گەۋدىلىك بولدى.

چيۇ جيەنمىن

## قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يېڭىدىن 33 مىڭ

گېكتار يەرگە مېۋىلىك دەرەخ تىكىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايون بويىچە مېۋىلىك دەرەخ كۆلىمى 187 مىڭ گېكتارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مېۋە بەرگەن كۆلەم 120 مىڭ گېكتار بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 10 مىڭ گېكتار كۆپەيدى، ئومۇمىي ھوسۇلى 1 مىليون 410 مىڭ توننىغا يېتىپ، 200 مىڭ توننا ئاشتى. بىر يىلدا 6666.7 گېكتار تۆۋەن ھوسۇللۇق، سۈپىتى ناچار مېۋىلىك باغ ئۆزگەرتىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە تاۋۇز، قوغۇن تېرىلغان كۆلەم 47 مىڭ گېكتارغا يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 15 مىڭ گېكتار، ھوسۇلى 1 مىليون 400 مىڭ توننىغا يېتىپ، 520 مىڭ توننا كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە تۇرپان ۋىلايىتىدىكى بالدۇر پىشىدىغان قوغۇن كۆلىمى 5333.3 گېكتار. 1999 - يىلى 1 - ئايدا دېھقانچىلىق نازارىتى «شىنجاڭنىڭ 1999 — 2010 - يىلغىچە بولغان باغۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىيات ئومۇمىي پىلانى»نى تارقاتتى. ئومۇمىي پىلاندا مۇنۇلار كۆرسىتىلگەن: 2010 - يىلغا بارغاندا ئاپتونوم رايون بويىچە مېۋىلىك دەرەخ كۆلىمى 533 مىڭ گېكتارغا، ئېلىنىدىغان مېۋە 5 مىليون 600 مىڭ توننىغا يەتكۈزۈلىدۇ. ئاساسلىقى، شىنجاڭ ئۆرۈكى، كورلا نەشپۈتى، قۇرۇق ۋە ھۆل ئۈزۈم، ياڭاق، ئانار، چىلان، شاپتۇل، ئالما، قارىئۆرۈك، گىلاس قاتارلىقلار تەرەققىي قىلدۇرۇلىدۇ. ئاساسلىق مېۋىلىك دەرەخ ئۆستۈرۈلىدىغان رايونلار ئاپتونوم رايوننىڭ بىرلىككە كەلگەن ئومۇمىي پىلانىغا ئاساسەن ئۆز ۋىلايىتى (ئوبلاستى)نىڭ باغۋەنچىلىك تەرەققىياتى ئومۇمىي پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، شۇ يەردە ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولغان داڭلىق، ئالاھىدە ۋە ئاز بولغان مېۋىلىك دەرەخلەرنى ۋە مېۋە سورتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ۋە تەرەققىيات كۆلىمىنى بېكىتتى ھەمدە ئۇنى قەدەم باسقۇچلار بويىچە پائال يولغا قويۇشقا كىرىشتى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە ھوسۇلىنىڭ شىنجاڭنىڭ سىرتىدا سېتىلغانلىرى ئومۇمىي ھوسۇلنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىغىمۇ يەتمەيدۇ، شىنجاڭدىن چىقىرىلغانلىرى، ئاساسلىقى، قوغۇن، نەشپۈت ۋە ئۈزۈم، ئۆرۈك ۋە ئۇنىڭدىن پىششىقلانغان مەھسۇلاتلاردۇر.

ياڭ گۈەنيۇڭ

## يىپەك ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمەلىي تارقىتىلغان پىلە ئۇرۇقى 191 مىڭ قۇتا بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 26 مىڭ قۇتا ئاز تارقىتىلدى، پىلە غوزىسى ھوسۇلى 3340 توننا بولۇپ، 450 توننا كېمىيىپ كەتتى، ھەر قۇتا پىلە ئۇرۇقىنىڭ بىرلىك ھوسۇلى 17.5 كىلوگرام بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەتىيازلىق پىلە ئۇرۇقى 147 مىڭ 500 قۇتا بولۇپ، ئۇنىڭ ھوسۇلى 2750 توننا بولدى. بىر يىلدا پىلە غوزىسىنىڭ ھەر كىلوگرامىنىڭ ئوتتۇرىچە باھاسى 11.3 يۈەن بولدى.

1999 - يىلى 300 توننا مەشۇت ئىشلەپچىقىرىلىپ، 787 مىڭ مېتىر شايى توقۇلدى. يىپەكچىلىك كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات سېتىشى پۈتۈن ساھە بويىچە پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقتىن، ئامبار زاپىسى كۆپىيىپ، زىيان ئېغىرلاشتى، ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئايلىنىش نىسبىتى 50%، ئاكتىپ - پاسسىپ نىسبىتى 150% بولدى.

بىر يىلدا تاشقى سودىدا ئېكسپورت قىلىنغان 2A دەرىجىلىك مەشۇت 20 توننا بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 40% ئازلاپ كەتتى، ئۇ، ئاساسلىقى، ھىندىستانغا سېتىلدى، ھەر توننىسىنىڭ ئېكسپورت باھاسى 18 مىڭ 500 دوللار بولدى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ پىلە بېقىش رايونى ۋە پەسلىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى تەرتىپكە سېلىندى، ئاساسىي ۋە شەرت - شارائىتى ياخشى بولغان ۋىلايەت، ناھىيىلەرگە ۋە ئەتىياز پەسلىگە يۈزلىنىش قىلىندى، پىلە بېقىلىدىغان ناھىيە 25 تىن 12 گە ئازايتىلدى؛ كۈزلۈك پىلە نىسبىتى ئىلگىرىكى 30% تىن 18%كە چۈشتى. بىرلىك ھوسۇلنى 30 كىلوگرامغا يەتكۈزىدىغان پىلە بېقىش تېخنىكىسىنىڭ ئەندىزىسى كېڭەيتىلىپ، 30 مىڭ قۇتا پىلە ئۇرۇقىدىن شۇ بويىچە ھوسۇل ئېلىندى، بۇ تۈرنىڭ مەمۇرىي، تېخنىكا تەشكىلاتلىرى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، يېتىلىشنى تېزلىتىش، تاڭ يېتىلدۈرۈش، دېزىنفېكسىيە قىلىپ كېسەللىكتىن مۇداپىئە كۆرۈش، شاخقا چىقىرىش قاتارلىق ھالقىلىق تېخنىكىلىق تەدبىرلەر ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، كىچىك قۇرتلارنىڭ تاڭ يېتىلىشى 100%كە يەتتى، چوڭ قۇرتنى ھۆل يوپۇرماق بىلەن بېقىش تېخنىكىسى ئومۇميۈزلۈك ئومۇملاشتۇرۇلدى، تۈر رايونىدىكى پىلىنىڭ بىرلىك ھوسۇلى ئاپتونوم رايوننىڭ شۇ يىلدىكى ئوتتۇرىچە بىرلىك ھوسۇلىدىن 8 كىلوگرام يۇقىرى بولدى. پىلە سورتىنىڭ چېكىنىپ كېتىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ياخشى سورتلارنى كۆپەيتىش تېزلىتىلدى، شىنجاڭ پىلىچىلىك تەتقىقات ئورنىنىڭ پىلە ئۈجمىسى مولېكۇلىسىنى بىئولوگىيىلىك يېتىشتۈرۈش تۈرى دۆلەت ئىقتىساد - سودا كومىتېتى پىلىچىلىك ئىشخانىسىنىڭ تۈر تۇرغۇزۇشىغا كىرىشتى، بۇنىڭغا تۇنجى تۈركۈمدە بېرىلگەن 400 مىڭ يۈەن ۋاقتىدا ئەمەلىيلەشتى، يەرلىكتىن 900 مىڭ يۈەن قوشۇپ بېرىلدى، بۇ تۈرنىڭ ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى پۈتۈنلەي تاماملاندى.

پىلىنى توختاملىشىپ ئىشلەپچىقىرىش داۋاملىق يولغا قويۇلدى. ۋىلايەت، ناھىيىلەرنىڭ پىلىچىلىك تارماقلىرى، يىپەكچىلىك زاۋۇتى، پىلىچىلىك مەيدانلىرى بىلەن پىلە

غوزىسى، يىلە ئۇرۇقى ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىۋېلىش توختاملىرى ئىمزالاپ، سېتىشقا قاراپ ئىشلەپچىقىرىپ، ئىشلەپچىقىرىشتىكى قارىغۇلۇقنى تۈگەتتى. ساقلىنىۋاتقان ئاساسلىق مەسىلىلەر مۇنۇلار: بىرىنچى، بەزى ئىشلەپچىقىرىش، بېزى تىجارەتچى قىلىش قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىش، خوتەن ۋىلايىتىدە ئەتىيازلىق، كۈزلۈك يىلە غوزىسى سېتىۋېلىشتا پۈتۈنلەي «ئاق ھۆججەت» بېرىش تۈپەيلىدىن، يىلىچىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىغا تەسىر يەتتى. ئۆجمە دەرىخى ئۆستۈرۈش ۋە ئۇنى ئۇلاپ باشقۇرۇش بىر ئىزدا توختاپ قالدى. ئاساسىي قاتلامدىكى ئامما، كادىرلارنىڭ ئۆجمە دەرىخىنى ئاسراش ئاكتىپلىقى تۆۋەنلەپ كەتتى، ئۆجمە دەرىخىنى باشقۇرماسلىق ئومۇملىشىپ قالدى، ئۇنى قومۇرۇۋېتىش ھادىسىسى يەنىلا يۈز بەرمەكتە. ئەتىيازلىق يىلە بېقىلىدىغان قارىقاش، گۇما، لوپ چىرا قاتارلىق ناھىيىلەردە ئومۇميۈزلەك ئەتىيازلىق كېيىنكى ئىچىنكىسى زىياندا شلىقى يۈز بەرگەن، زىيانغا ئۇچرىغان ئۆجمىزارلىق كۆلىمى 23 مىڭ گېكتارغا يەتكەن. مەبلەغ يېتىشمىگەنلىكتىن، يىلە ئۆجمىسى ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش، تېخنىكىلىق تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش قىيىن بولۇپ، يىلە غوزىسىنىڭ سۈپىتى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلەپ كەتتى.

ساۋ شياۋلېي

## كۆك - تاق قۇرۇلۇشى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە كۆكتات تېرىلغۇ كۆلىمى 87 مىڭ گېكتارغا يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 3.6%، ئومۇمىي ھوسۇلى 3 مىليون 250 مىڭ توننىغا يېتىپ، 12.1% ئاشتى؛ بۇنىڭ ئىچىدە پارنىك - لاپاس كۆلىمى 6333.3 گېكتار بولۇپ، 5.6% كۆپەيدى. ئىشلەپچىقىرىلغان تۈرلۈك يازلىق كۆكتات 400 مىڭ توننىغا يېتىپ، 5.3% ئاشتى؛ قولدىن چىقىرىلغان كالا، قوي 19 مىليون 667 مىڭغا يېتىپ، 2.6% كۆپەيدى؛ ئېلىنغان گۆش 814 مىڭ توننىغا يېتىپ، 15%؛ تۇخۇم 166 مىڭ 800 توننىغا يېتىپ، 5.4% ئاشتى؛ سۈت 704 مىڭ توننا بولۇپ، 6.9% كېمەيدى؛ سۇ مەھسۇلاتلىرى 56 مىڭ توننىغا يېتىپ، 2% ئاشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە كىشى بېشىغا 183 كىلوگرام كۆكتات، 45.9 كىلوگرام گۆش، 39 كىلوگرام سۈت، 9.4 كىلوگرام تۇخۇم، 3.2 كىلوگرام سۇ مەھسۇلاتى توغرا كەلدى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە كۆك - تاق مەھسۇلاتىنىڭ سۈپىتى يۇقىرى، سانى تولۇق، تۈرى مول بولدى، باھاسى تۆۋەنلىدى، 1998 - يىل بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئاپتونوم رايون بويىچە كۆكتاتنىڭ پارچە سېتىلىش باھا كۆرسەتكۈچى 10.6%، گۆش، تۇخۇمنىڭ پارچە سېتىلىش باھا كۆرسەتكۈچى 11.1%، سۇ مەھسۇلاتلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش باھا كۆرسەتكۈچى 14.8% تۆۋەنلىدى.

گۈلنار

# چارۋىچىلىق

## چارۋىچىلىق ھەققىدە ئومۇمىي بايان

1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە قولدا قالغان چارۋا 43 مىليون 965 مىڭ 400 تۇياققا يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 4.09% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ چارۋا 6 مىليون 159 مىڭ بولۇپ، 1.5%؛ چوشقا 1 مىليون 883 مىڭ 400 بولۇپ، 10.91%؛ قوي - ئۆچكە 35 مىليون 922 مىڭ 900 بولۇپ، 4.2%؛ ئۆي قۇشلىرى 33 مىليون 465 مىڭ 400 بولۇپ، 17.06% ئاشتى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە قولدىن چىقىرىلغان چارۋا 22 مىليون 238 مىڭ 900 تۇياق بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن ئازراق ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاۋار چارۋا 17 مىليون 100 مىڭ تۇياق بولۇپ، 6.37% ئاشتى. ئېلىنغان گۆش 813 مىڭ 630 توننا بولۇپ، 8.21% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە قوي - ئۆچكە گۆشى 335 مىڭ 715 توننا بولۇپ، 3.34%، كالا گۆشى 206 مىڭ 60 توننا بولۇپ، 7.38%، چوشقا گۆشى 160 مىڭ 248 توننا بولۇپ، 17.84%، ئۆي قۇشلىرى گۆشى 68 مىڭ 284 توننا بولۇپ، 12.48% ئاشتى. سۈت 704 مىڭ 432 توننىغا يېتىپ، 8.34% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە كالا سۈتى 648 مىڭ 169 توننا بولۇپ، 8.1% ئاشتى. ئېلىنغان قوي يۇڭى 64 مىڭ 969 توننا بولۇپ، 4.54%، ئۆچكە تىۋىتى 848.66 توننا بولۇپ، 4.6%، تۇخۇم 166 مىڭ 788 توننا بولۇپ، 25.05%، تېرە (كالا تېرىسىگە سۇندۇرۇلدى) 4 مىليون 322 مىڭ 500 دانە بولۇپ، 11% ئاشتى. چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق قىممىتىنىڭ 23.7%نى ئىگىلەپ، 1998 - يىلدىكىدىن 17.3% ئاشتى.

چارۋىچىلىقنى كەسىپلەشتۈرۈش تەرەققىياتىدا ياخشى باشلىنىش بولدى. يىل بېشىدا چارۋىچىلىق نازارىتى، بىڭتۇەن، شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ بىرلىكتە تەشەببۇس قىلىشى ئارقىلىق شىنجاڭ ئەلا سۈپەتلىك ئىنچىكە قوي يۇڭى ئىشلەپچىقارغۇچىلار جەمئىيىتى قۇرۇلدى، ئۇنىڭغا 58 ئورۇن ئەزا بولدى. بۇ جەمئىيەت ئىنچىكە يۇڭ

ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتە بازار ئېھتىياجىغا قاراپ، دەرىجە ئۆلچىمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، دەرىجە بويىچە تاپلاشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، سۈپەت تەكشۈرۈشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، تاۋار ماركىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ساپ يۇڭ باھاسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، سېتىش يوللىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى يولغا قويۇپ، شىنجاڭ «سافالي» ئىنچىكە قوي يۇڭىنى سىرتقا چىقاردى. بىر يىلدا ئەنجىگەندىكى قوي يۇڭى بازىرىدا «سافقالي» ئىنچىكە قوي يۇڭىدىن 280 توننا سېتىلدى، ھەر كىلوگراممىنىڭ ئوتتۇرىچە سېتىلىش باھاسى 16.7 يۈەن بولۇپ، بىر قەدەر ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى.

ۋاڭ لىجيەن

## ئوتلاق قۇرۇلۇشى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتلاق قۇرۇلۇشىنىڭ كۆلىمى 130 مىڭ 600 گېكتارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئوت - چۆپ تېرىلغان يەر 40 مىڭ 600 گېكتار، ياخشىلانغان ئوتلاق 90 مىڭ گېكتار. 8419 ئائىلىلىك چارۋىچى ئولتۇراقلاشتى، يېڭىدىن 30 مىڭ 350 لاپاسلىق قوتان سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە سۇلياۋ يېپىلغان ئىسسىق قوتان 20 مىڭ 911.

1999 - يىلى چەرچەن، ساۋەن قاتارلىق ناھىيىلەرنىڭ ئوتلاق بازىسى قۇرۇلۇشىنىڭ مۇمكىنچىلىك تەتقىقات دوكلاتىدىن 5 پارچە، ئالتاي، تونسۇ قاتارلىق ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىنى ئېچىشتىكى ئۈلگە مۇمكىنچىلىك دوكلاتىدىن 10ى تاماملاندى، بۇنىڭدا پىلانلانغان كۆلەم 6666 گېكتار. تولى ناھىيىسىنىڭ ئوتلاق ۋە يەم - خەشەك بازىسىنى پىلانلاش تورىنىڭ تېخنىكىلىق لايىھەلەش ۋە قۇرۇلۇش سىزىقىنى تارتىش يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئورۇندالدى، 10 كىلومېتىر سىزىق تارتىلدى، 10 كىلومېتىر قۇرۇلۇش باشلاندى، كونترول قىلىنغان كۆلەم 33.333 گېكتار.

گاۋ نىڭ

## ئوتلاق نازارەتچىلىكى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە قانۇنغا خىلاپ بوزيەر ئېچىش، ئوتلاقنى ئىگىلىۋېلىش قىلمىشىدىن 60 ى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى، بۇ قىلمىشلار چېتىلغان ئوتلاق كۆلىمى 17 مىڭ 100 گېكتار بولۇپ، ئاساسىي قاتلام ۋە دېھقان، چارۋىچىلار 9 مىليون 888 مىڭ يۈەن ئىقتىسادىي زىياندىن ساقلاپ قېلىندى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتلاقلاردا 64 قېتىم ئوت ئاپىتى يۈز بەردى، بۇنىڭ ئىچىدە يانغىن ترېۋوگىسى 59 قېتىم، ئادەتتىكى ئوت ئاپىتى 4 قېتىم، ئېغىر ئوت ئاپىتى بىر قېتىم، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئوتلاق كۆلىمى 5000 گېكتار، ئىقتىسادىي زىيان 2 مىليون 192 مىڭ يۈەن. ئوتلاق نازارەتچىلىكى بويىچە 3 قارار تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، 447 ئادەم تەربىيىلەندى.

جى خۇڭلياڭ

## ئوتلاقنى ئائىلىلەرگە ھەقلىق ھۆددىگە بېرىش ئەھۋالى

1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە ھۆددىگەرلىكى ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن ئوتلاق كۆلىمى 45 مىليون 333 مىڭ گېكتار بولۇپ، پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئوتلاق كۆلىمىنىڭ 94.4%نى ئىگىلىدى. ئوتلاق ھۆددىگەرلىكى ئەمەلىيلەشكەن چارۋىچى ئائىلىسى 134 مىڭ بولۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇمىي چارۋىچى ئائىلىسىنىڭ 85%نى ئىگىلىدى، سانجى ئوبلاستى، ئاقسۇ ۋىلايىتى، ئۈرۈمچى شەھىرىدىن باشقا ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ ھەممىسىدە ئوتلاق ھۆددىگەرلىكى تاماملاندى ھەمدە ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

جى خۇڭلياڭ

## ئوتلاقلاردىكى ھاشارات، چاشقان ئاپىتى

1999 - يىل ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتلاقلاردا چېكەتكە ئاپىتى ئېغىر، چاشقان ئاپىتى يېنىكرەك بولغان يىل بولدى. چېكەتكە ئاپىتى يۈز بەرگەن ئوتلاق كۆلىمى 2 مىليون 898 مىڭ گېكتارغا، چېكەتكە ئاپىتى ئېغىر بولغان كۆلەم 1 مىليون 411 مىڭ گېكتارغا؛ چاشقان ئاپىتى يۈز بەرگەن كۆلەم 2 مىليون 410 مىڭ گېكتارغا، چاشقان ئاپىتى ئېغىر يۈز بەرگەن كۆلەم 633 مىڭ گېكتارغا يەتتى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتلاقلاردا چېكەتكىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ چىقىشى كۈچلۈك، كۆرۈلگەن كۆلىمى زور، زىيىنى ئېغىر، يۈز بەرگەن سانى كۆپ بولدى. ئىلى ۋىلايىتىدە چېكەتكە ئاپىتى يۈز بەرگەن كۆلەم 533 مىڭ گېكتارغا، ئېغىر يۈز بەرگەن كۆلەم 267 مىڭ گېكتارغا يەتتى، چېكەتكە كەڭ تارقالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ زىچلىقى ھەر كۋادرات مېتىردا 20 دىن 30 غىچە بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە قورغاس ناھىيىسىنىڭ ساربۇلاق، غۇلجا ناھىيىسىنىڭ ئويمانبۇلاق، ئەۋلىيا، نىلقا ناھىيىسىنىڭ ياقا، ئۇلاستاي، كۈنەس ناھىيىسىنىڭ جاۋۇر دېگەن جايلىرىدا چېكەتكە ئاپىتى ئىنتايىن ئېغىر بولدى، چېكەتكە بالىلىغان مەزگىلدە ئۇنىڭ زىچلىق دەرىجىسى ھەربىر كۋادرات مېتىرغا 5000 — 6000 ئەتراپىدا توغرا كەلدى. ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ئالتاي شەھىرى، قابا، جېمىنەي، بۇرچىن، بۇرۇلتوقاي، كۆكتوقاي، چىڭگىل ناھىيىلىرىدە چېكەتكە ئاپىتى زور كۆلەمدە يۈز بەردى، ئاپەت

يۇز بەرگەن كۆلەم 747 مىڭ گېكتارغا يەتتى، ئاپەت ئېغىر يۈز بەرگەن كۆلەم 297 مىڭ گېكتارغا يەتتى. تارباغاتاي ۋىلايىتىدە چېكەتكە ئاپىتى يۈز بەرگەن كۆلەم 520 مىڭ گېكتارغا يەتتى (بۇنىڭ %80ى قىشلاق، كۆكلەم ۋە كۈزلەك)، ئاپەت ئېغىر بولغان كۆلەم 178 مىڭ گېكتارغا يەتتى. سانجى ئوبلاستىدىكى ناھىيە (شەھەر) لەردە چېكەتكە ئاپىتى يۈز بەرگەن ئوتلاق كۆلىمى 399 مىڭ گېكتارغا، ئاپەت ئېغىر بولغان كۆلەم 264 مىڭ گېكتارغا يەتتى. سانجى ئوبلاستىنىڭ شەرقىتىكى 4 ناھىيە (شەھەر) دە ئاساسلىقى ئىتالىيە چېكەتكىسى ئاپىتى يۈز بەردى، بۇ ئوبلاستنىڭ غەربىتىكى 4 ناھىيىسىدە قىزىل پاقالچاقلىق قېيغۇچلۇق تاغىل چېكەتكە، ئىتالىيە چېكەتكىسى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن چېپار چېكەتكە ئاپىتى بولدى. قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ باركۆل ناھىيىسى، قۇمۇل شەھىرىدە چېكەتكە ئاپىتى يۈز بەرگەن ئوتلاق كۆلىمى 107 مىڭ گېكتارغا، ئاپەت ئېغىر يۈز بەرگەن كۆلەم 50 مىڭ گېكتارغا يەتتى. ئۈرۈمچىنىڭ دۆڭخەن ۋە نەنسەن رايونلىرىدا ئاز كەم 30 مىڭ گېكتار ئوتلاقتا چېكەتكە ئاپىتى يۈز بەردى، ئاپەت ئېغىر بولغان ئوتلاق كۆلىمى 130 مىڭ گېكتاردىن ئاشتى. بورتالا ئوبلاستىنىڭ سايرام كۆلى، ئارشاڭ ناھىيىسىدە چېكەتكە ئاپىتى يۈز بەرگەن ئوتلاق كۆلىمى 167 مىڭ گېكتارغا، ئاپەت ئېغىر بولغان ئوتلاق كۆلىمى 20 مىڭ گېكتارغا يەتتى. بايىنبۇلاقنىڭ دائىم چېكەتكە ئاپىتى يۈز بېرىدىغان رايونىدا چېكەتكە ئاپىتى يۈز بەرگەن ئوتلاق كۆلىمى 69 مىڭ 300 گېكتارغا، ئاپەت ئېغىر بولغان ئوتلاق كۆلىمى 45 مىڭ 900 گېكتارغا يەتتى. ئاقسۇ ۋىلايىتىدە ھاشارات ئاپىتى يۈز بەرگەن كۆلەم 54 مىڭ 700 گېكتارغا، ئاپەت ئېغىر بولغان كۆلەم 34 مىڭ گېكتارغا يەتتى. تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ پىچان ناھىيىسىدىكى 2700 گېكتار يەردە تۆكلۈك قۇرت پەيدا بولدى، توقسۇن رايونىنىڭ ھەم دېھقانچىلىق، ھەم چارۋىچىلىق قىلىنىدىغان رايونلىرىدا ئاسىيا چېكەتكىسى پەيدا بولغان كۆلەم 19 مىڭ 300 گېكتارغا، ئاپەت ئېغىر بولغان كۆلەم 6700 گېكتارغا يەتتى. شىمالىي شىنجاڭنىڭ بۇرچىن، فۇكاڭ قاتارلىق جايلىرىدا مۆتىدىل كۆلەمدە ساختا قاسىراقلىق ماڭدامچى قوڭغۇز پەيدا بولدى؛ تارباغاتاينىڭ چاغانتوقاي ناھىيىسىدە زور كۆلەمدە يەر يولۋىسى پەيدا بولدى؛ ئاقسۇ، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا مالاكوزوما يوپۇرماق تۆكلۈك پەرۋانىسى، يېپىشقاق قۇرتنىڭ زىيان يەتكۈزگەن كۆلىمى خېلى زور بولدى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە چاشقان ئاپىتى يۈز بەرگەن ئوتلاق كۆلىمى 2 مىليون 410 مىڭ گېكتارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 633 مىڭ گېكتار ئوتلاقتا ئاپەت ئېغىر بولدى. چاشقان ئاپىتى ئاساسلىقى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ موڭغۇلكۈرە، تېكەس ۋە كۈنەس قاتارلىق جايلىرىدا يۈز بەردى. ئاساسلىق زىيانداش چاشقان تۈرى قارىغۇ چاشقانىسىمان تۇلۇمچاشقان بولۇپ، ھەر گېكتار يەردىكى چاشقان ئۇۋىسى 400 — 500 گە يەتتى. سانجى ئوبلاستى ۋە قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا چوڭ قۇملۇق چاشقىنىنىڭ سانىمۇ خېلى كۆپ بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر گېكتار يەرگە 250 — 300 گىچە ئۈنۈملۈك چاشقان ئۇۋىسى توغرا كەلدى. ئۇنىڭدىن باشقا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئالتۇنتاغ ۋە كۇئېنلۇن تاغلىرىدا ئاق قۇيرۇق تۇلۇمچاشقان ۋە سۇغۇرنىڭ سانىمۇ كۆپ بولۇپ، ئوتلاقلارغا مۆتىدىل دەرىجىدە زىيان يەتكۈزدى. ئوتلاقلارغا ئاساسلىق زىيان يەتكۈزىدىغان سېرىق قۇيرۇق چاشقان بۇ يىل ئازراق پەيدا بولدى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 1 مىليون 102 مىڭ گېكتار يەردىكى چېكەتكە يوقىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئايروپىلان بىلەن يوقىتىلغان كۆلەم 127 مىڭ 300 گېكتار، يەر يۈزىدە ماشىنا، خىمىيىۋى ئۇسۇل ۋە ئادەم كۈچى بىلەن مۇداپىئە كۆرۈلگەن كۆلەم 839 مىڭ 300 گېكتار، قارىغۇجا ئارقىلىق چېكەتكە ئاپىتى كونترول قىلىنغان كۆلەم 88 مىڭ 700 گېكتار، 100 مىڭدىن ئارتۇق توخۇ بېقىش ئارقىلىق مۇداپىئە كۆرۈلگەن كۆلەم 46 مىڭ 700 گېكتار. 440 مىڭ گېكتار يەردىكى چاشقان يوقىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە بىئولوگىيىلىك زەھەر چېچىش ئارقىلىق يوقىتىلغان كۆلەم 133 مىڭ گېكتار، سۈنئىي ئۇسۇلدا خلورلۇق دىفاتسىنون ناترىي تۇزى بىلەن زەھەرلەپ يوقىتىلغان كۆلەم 80 مىڭ گېكتار، ئۇنىۋېرسال يوقىتىلغان كۆلەم 54 مىڭ 900 گېكتار، قارچۇغىدىن پايدىلىنىپ يوقىتىلغان كۆلەم 171 مىڭ 800 گېكتار.

شيۈڭ لىن

## ئوت ئۇرۇقىنى تەكشۈرۈش

1999 - يىلى ئۈرۈمچى ئوت ئۇرۇقىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش - سىناش مەركىزى ئوت ئۇرۇقى ساتىدىغان 22 ئورۇننىڭ 640 توننا ئوت ئۇرۇقىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان 130 تۈركۈمدىكى 86 ئۇرۇق ئەۋرىشكىسىنى تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى. گۇۋاھنامىسىز ئوت ئۇرۇقى تىجارىتى قىلغان، لاياقەتسىز ئوت ئۇرۇقىنى ساتقان 10 ئورۇننى تېپىپ چىقىپ، ئۇلارنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا 5 ئورۇن ساتقان لاياقەتسىز ئوت ئۇرۇقىنى پېچەتلىدى ھەمدە ش ئۇ ئا ر تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسىگە ھەمكارلىشىپ، ئالاقىدار قانۇن - قائىدىلەرگە ئاساسلىنىپ، ئۇلارغا چارە كۆردى.

جى خۇڭلياڭ

## يەرلىك دۆلەت چارۋىچىلىق فېرمىلىرى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى يەرلىك دۆلەت چارۋىچىلىق فېرمىسى 160 (مال - مۈلۈكنى قايتا

تەشكىللەش، فېرمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ يېزىغا، كەنتكە قوشۇۋېتىش قاتارلىق سەۋەبلەر ئارقىلىق 1998 - يىلدىكىدىن 16 سى ئازايدى). ئۇلارنىڭ نوپۇسى 442 مىڭ، ئەمگەكچىسى 169 مىڭ 100. يىل ئاخىرىدا دۆلەت ئىلكىدىكى ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىسى 121 مىڭ 400. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپتىكىلەر 104 مىڭ، 2 - كەسىپتىكىلەر 5100، 3 - كەسىپتىكىلەر 12 مىڭ 300.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يەرلىك دۆلەت چارۋىچىلىق فېرمىلىرى ياراتقان دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 407 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %1.2 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 702 مىليون يۈەن بولۇپ، %8.5 تۆۋەنلەپ كەتتى. ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 847 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %11.2 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 606 مىليون يۈەن بولۇپ، %7.3؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 118 مىليون يۈەن بولۇپ، %45.7؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 123 مىليون يۈەن بولۇپ، %6 ئاشتى.

1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت چارۋىچىلىق فېرمىلىرىنىڭ 93 مىڭ گېكتار تېرىلغۇ يېرى بار بولۇپ، 77 مىڭ گېكتار يەر تېرىپ، 253 مىڭ 700 تونna ئاشلىق، 34 مىڭ تونna ياغلىق دان، 18 مىڭ تونna پاختا، 106 مىڭ تونna شېكەر ماتېرىيالى ئالدى؛ ئۇلار ئالغان گۆش 58 مىڭ 700 تونna، سۈت 61 مىڭ 800 تونna، قوي يۇڭى 6200 تونna (بۇنىڭ ئىچىدە ئىنچىكە قوي يۇڭى 4000 تونna)، تۇخۇم 183 تونna. قولدا قالغان چارۋا 4 مىليون 726 مىڭ 500، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ چارۋا 602 مىڭ 500، قوي - ئۆچكە 4 مىليون 80 مىڭ 200.

ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت چارۋىچىلىق فېرمىلىرىنىڭ نەق چوتىغا كىرگۈزۈلگىنى 166 بولۇپ، بۇنىڭدىن زىيان تارتقىنى 68، پايدا سوممىسى مىنۇس 14 مىليون 660 مىڭ يۈەن، زىيان تارتقان كارخانىلارنىڭ زىيان سوممىسى 25 مىليون 540 مىڭ يۈەن بولۇپ، پايدا سوممىسىنىڭ %226 ىگە تەڭ كەلدى. 1 مىليون يۈەندىن ئارتۇق زىيان تارتقىنى 5، ئۇلارنىڭ زىيان سوممىسى 12 مىليون 120 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي زىيان سوممىسىنىڭ %47 نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە زىيان سوممىسى ئەڭ كۆپ بولغىنى كونەس نەسىللىك ئات فېرمىسى بولۇپ، زىيان سوممىسى 3 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يەتتى. پايدا سوممىسى ئەڭ كۆپ بولغىنى قۇتۇبى نەسىللىك كالا فېرمىسى بولۇپ، پايدىسى 5 مىليون يۈەنگە يەتتى.

جۇي يىلى

## يەرلىك دۆلەت چارۋىچىلىق فېرمىلىرىدا نامراتلارنى يۆلەش ئەھۋالى

1999 - يىلى دۆلەت نامراتلارنى يۆلەشكە 4 مىليون 510 مىڭ يۈەن تەرەققىيات مەبلىغى سالدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسىنىڭ دۆلەت دەرىجىلىك 15 نامرات چارۋىچىلىق فېرمىسىغا بەرگەن نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى 2 مىليون يۈەن (ئىش تېپىپ بېرىش يولى بىلەن قوللاش مەبلىغى 1 مىليون يۈەن، ئۆسۈمى قوشۇپ بېرىلىدىغان قەرز پۇل 1 مىليون يۈەن)، ئاپتونوم رايون سالغان ياندىشىش مەبلەغ 2 مىليون 510 مىڭ يۈەن (چارۋىچىلار قىلغان ئەمگەك سوندۇرۇلغان پۇلمۇ شۇنىڭ ئىچىدە). بۇ پۇللار 4 چارۋىچىلىق قۇرۇلۇشى تۈرىگە، بىر يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان توك يەتكۈزۈش لىنىيىسى قۇرۇلۇشى تۈرىگە ئىشلىتىلدى.

1999 - يىلى 15 نامرات چارۋىچىلىق فېرمىسى ئورۇندىغان مىللىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 42 مىليون 470 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %3.98 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 32 مىليون 780 مىڭ يۈەن بولۇپ، %5 ئاشتى؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 4 مىليون 530 مىڭ يۈەن بولۇپ، %6.4 كېمەيدى؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 5 مىليون 160 مىڭ يۈەن بولۇپ، %8.2 ئاشتى. ئېلىنغان ئاشلىق 13 مىڭ توننىغا يېتىپ، %40.2، پاختا 1821 توننىغا يېتىپ، %28 ئاشتى، يىل ئاخىرىدا 504 مىڭ 500 تۇياق چارۋا قالدى؛ ئېلىنغان گۆش 4533 تونna بولۇپ، %2.3 تۆۋەنلىدى.

15 نامرات چارۋىچىلىق فېرمىسىدىن 13ى پايدا ئالدى، 2 سى زىيان تارتتى، پايدا بىلەن زىيان چېقىشتۇرۇلغاندا، شۇ يىلى ئېلىنغان پايدا 1 مىليون 809 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %27.3 ئاشتى. يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىم 1121 يۈەنگە يېتىپ، 49 يۈەن ئاشتى. 10 چارۋىچىلىق فېرمىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، 5 نامرات فېرما ھازىرمۇ نامرات ھالەتتە تۇرماقتا.

جۇي يىلى

## چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتى بويىچە ئۈلگە قۇرۇلۇش تۈرلىرى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتى بويىچە 2 - تۈركۈمدىكى يەنى 1996 - يىللىق ئۈلگە قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشنى ئورۇنداپ بولدى. كونەس، قابا، جىمسار، خېجىڭ، نىيە، خوتەن ۋىلايەتلىك چارۋىچىلىق باشقارمىسىنىڭ 6 تۈرى ئاپتونوم

رايونىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن پۈتۈنلەي ئۆتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كۈنەس، خېجىڭ، نىيە ناھىيىلىرى، خوتەن ۋىلايەتلىك چارۋىچىلىق باشقارمىسىنىڭ تۈر قۇرۇلۇشلىرى ئەلا قۇرۇلۇش بولۇپ باھالاندى.

6 تۈردە 3 يىلدا 3320.4 گېكتار ئوتلاق ۋە يەم - خەشەك بازىسى يېڭىدىن بەرپا قىلىندى، 12 مىڭ 713.3 گېكتار ئوتلاق ياخشىلاندى، 231.7 گېكتار ئۇرۇق بازىسى قۇرۇلدى، 3333.3 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى، 1108 ئائىلىلىك چارۋىچى ئولتۇراقلاشتۇرۇلدى. 166.92 كىلومېتىر تۈرلۈك ئېرىق - ئۆستەڭ، 248 تۈرلۈك سۇچىلىق ئىنشائاتى رېمونت قىلىندى ۋە ياسالدى، ماشىنىلاشقان قۇدۇقتىن 8 ى يېڭىدىن قېزىلدى، 20.9 كىلومېتىر يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى تارتىلدى، 15.5 كىلومېتىر يول ياسالدى، يېزا دەرىجىلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتى ۋە سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش نۇقتىسىدىن 36 سى قۇرۇلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، تۈرلۈك نەسىللىك چارۋىدىن 563 ى كىرگۈزۈلدى، دورىلىق كۆلچەكتىن 14ى ياسالدى، يېزا دەرىجىلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتىدىن 7 سى قۇرۇلدى، 11 مىڭ 34 ئادەم (قېتىم) دېھقان، چارۋىچى تەربىيىلەندى. 18 مىليون 136 مىڭ 100 يۈەن قۇرۇلۇش مەبلىغى ئىشلىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتلاق قۇرۇلۇشى مەبلىغى 13 مىليون 450 مىڭ 100 يۈەن، سۈپەتلىك ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش قۇرۇلۇشى مەبلىغى 3 مىليون 424 مىڭ 700 يۈەن، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش سىستېمىسى قۇرۇلۇشى مەبلىغى 495 مىڭ 700 يۈەن، تېخنىكا كېڭەيتىش مۇلازىمىتى سىستېمىسى قۇرۇلۇشى مەبلىغى 765 مىڭ 600 يۈەن.

چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتى بويىچە 3 - تۈركۈمدىكى، يەنى 1997 - يىللىق ئۆلكە قۇرۇلۇش تۈرلىرى (كۆكتوقاي، بۇرۇلتوقاي، تېكەس، دۆربىلجىن، ئارشاڭ، مورى، ئاقتۇلاردىكى) نىڭ قۇرۇلۇش سۈرئىتى ئوخشىمىغان بولماقتا. بۇ قۇرۇلۇشلارغا 21 مىليون 777 مىڭ 700يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ (بانكىدىن ئېلىنغان قەرز پۇلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، چارۋىچىلار تەييارلىغان مەبلەغ ۋە سەرپ قىلىنغان ئەمگەك بۇنىڭ سىرتىدا)، 3360 گېكتار ئوتلاق ۋە يەم - خەشەك بازىسى يېڭىدىن قۇرۇلدى، 12 مىڭ 700 گېكتار ئوتلاق ياخشىلاندى، 4533 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى، 180 گېكتار ئوت - چۆپ ئۇرۇقى بازىسى قۇرۇلدى، 1497 ئائىلىلىك چارۋىچى ئولتۇراقلاشتۇرۇلدى. يېڭىدىن 266.03 كىلومېتىر ھەرخىل ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىلدى، 221 ھەرخىل سۇچىلىق ئىنشائاتى ياسالدى، 21 قۇدۇق قېزىلدى، 3 سۇ چىقىرىش پونكىتى قۇرۇلدى، 13.7 كىلومېتىر سۇ ئۆرۈبىسى ياتقۇزۇلدى، 41.8 كىلومېتىر يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى تارتىلدى، 9.2 كىلومېتىر يول ياسالدى، 91.67 گېكتار يەرگە جىرىم تىكىلدى، 753 تۇياق نەسىللىك چارۋا كىرگۈزۈلدى، 34 نەسىللەندۈرۈش ۋە سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش پونكىتى، 11 دورا كۆلچىكى، 7 يېزا دەرىجىلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتى قۇرۇلدى، چارۋىچىلىقنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش، قىشلىق پەن - تېخنىكا پائالىيىتى، يازلىق پەن - تېخنىكا پائالىيىتى قاتارلىق پائالىيەتلەر ئارقىلىق 16 مىڭ 145 دېھقان - چارۋىچى (قېتىم) تەربىيىلەندى. تۈر قۇرۇلۇشى ۋەزىپىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندالدى، ھازىر ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىنىۋاتىدۇ.

چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتى بويىچە 4 - تۈركۈمدىكى يەنى 1998 - يىللىق ئۆلكە قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ئوخشىمىغان ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ، چىڭگىل، جىمىنەي، جىڭ، لوپنۇر، قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ئاقتاش چارۋىچىلىق فېرمىسى، گۇما، باي، سانجى شەھىرىدىكى يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان 8 تۈر ۋە كۈنەس، چاپچال، خېجىڭلاردىكى داۋاملاشتۇرۇلىدىغان 3 تۈردە 4046.06 گېكتار ئوتلاق ۋە يەم - خەشەك بازىسى يېڭىدىن قۇرۇلدى، 4586.66 گېكتار ئوتلاق ياخشىلاندى، 8333.33 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى، 160 گېكتار ئوت -چۆپ ئۇرۇقى بازىسى قۇرۇلدى، 1166 ئائىلىلىك چارۋىچى ئولتۇراقلاشتۇرۇلدى. 3.86 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ، 2 توك ئارقىلىق سۇغىرىش پونكىتى ياسالدى، 32 كىلومېتىر توك سىمى تارتىلدى، 31 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى. ئوتلاق نازارەتچىلىكى پونكىتىدىن بىرى، نەسىللەندۈرۈش پونكىتىدىن 16 سى قۇرۇلدى، سۇيۇقلاندۇرۇلغان ئازوت ئىدىشىدىن 19ى سېتىۋېلىندى، 8 دورا كۆلچىكى ياسالدى، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ۋە دېھقان - چارۋىچىدىن 5200 نەچچە ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى، تۈرلۈك قۇرۇلۇشلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى قولدىن چىقتى.

چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتى بويىچە 5 - تۈركۈمدىكى يەنى 1999 - يىللىق ئۆلكە قۇرۇلۇش تۈرلىرى بەلگىلەندى، ئۇلار ئالتاي شەھىرى، خوشۇت، چەرچەن، ئۇلۇغچات، ئونسۇ، تاشقورغان ناھىيىلىرىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان 6 تۈردىن ئىبارەت.

1999 - يىل 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايون چاغانتوقاي ناھىيىسىدە چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتى بويىچە ئۆلكە قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتى يىغىنى ئاچتى، يىغىندا يولغا قويۇلغان قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ نەتىجە ۋە تەجرىبىلىرى يەكۈنلەندى،

چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئوتلاق قوغداش، قۇرۇلۇشى ۋە چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تەسەۋۋۇرى ۋە باشقۇرۇش چارىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، ھازىر بار ئاساس ۋە شەرت - شارائىتنى قېزىش ئارقىلىق، مەبلەغنىڭ سىجىل تەرەققىي قىلىشىنى قانداق ئىشقا ئاشۇرۇش مۇھاكىمە قىلىندى.

گاۋ نىڭ

## شاخ - سامان بىلەن چارۋا بېقىش بويىچە ئۈلگە ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ تۈر قۇرۇلۇشى

1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايوندا شاخ - سامان بىلەن كالا بېقىشتا دۆلەت دەرىجىلىك 4 ئۈلگە ناھىيە بارلىققا كەلدى، بۇنىڭ ئىچىدە غۇلجا، يەكەن ناھىيىلىرىنىڭ قۇرۇلۇش مۇددىتى توشۇپ، دۆلەتنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى، كۇچا ناھىيىسىدە بۇ تۈر يېڭىدىن يولغا قويۇلدى؛ شاخ - سامان بىلەن قوي بېقىشتا دۆلەت دەرىجىلىك 6 ئۈلگە ناھىيە (شەھەر) بارلىققا كەلدى، بۇنىڭ ئىچىدە توقسۇن ناھىيىسىنىڭ قۇرۇلۇش مۇددىتى توشۇپ، دۆلەتنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى، ئۈچتۇرپان ناھىيىسى، بورتالا شەھىرىدە بۇ تۈر يېڭىدىن يولغا قويۇلدى؛ شاخ - سامان بىلەن چارۋا بېقىشتا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 4 ئۈلگە ناھىيە بار.

شاخ - سامان بىلەن چارۋا بېقىشتىكى 14 ئۈلگە ناھىيە (شەھەر) نىڭ 1999 - يىلى قولدا قالغان چارۋىسى 9 مىليون 117 مىڭ 400 تۇياققا يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %14.41 ئاشتى (1998 - يىلى ئۈلگە ناھىيە 12 ئىدى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). بۇنىڭ ئىچىدە قولدا قالغان كالا 888 مىڭ 400 بولۇپ، %12.48؛ قوي - ئۆچكە 7 مىليون 408 مىڭ 200 بولۇپ، %14.41 ئاشتى. بىر يىلدا قولدىن چىققان چارۋا 4 مىليون 937 مىڭ 500 گە يېتىپ، %19.57 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە قولدىن چىققان كالا 401 مىڭ 500 بولۇپ، %21.74؛ قوي - ئۆچكە 4 مىليون 59 مىڭ 800 بولۇپ، %7.2 ئاشتى. ئىشلەنگەن گۆش 188 مىڭ 400 توننا بولۇپ، %22.52 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە كالا گۆشى 57 مىڭ 700 توننا بولۇپ، %22.52؛ قوي گۆشى 130 مىڭ 700 توننا بولۇپ، %24.10 ئاشتى. 1 مىليون 446 مىڭ 800 توننا شاخ - سامان پىششىقلاندى. 14 ناھىيە (شەھەر) ئالغان گۆش ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشلەنگەن گۆشنىڭ %26.8نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە كالا گۆشى %29.66نى، قوي گۆشى %26.01نى ئىگىلىدى. پىششىقلانغان شاخ - سامان %30.76نى ئىگىلىدى.

ليۇ جۇنجيەن

## چارۋىچىلىقتا ئوقاي ئاپەت يۈز بېرىدىغان ناھىيىلەرنىڭ ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە تۈر قۇرۇلۇشى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون چارۋىچىلىقتا ئوقاي ئاپەت يۈز بېرىدىغان 12 ناھىيىنىڭ ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش تۈرىدە تۈر تۇرغۇزۇپ قۇرۇلۇش قىلىشنى بەلگىلىدى. ئۇلار: دۆربىلجىن، چاغانتوقاي، ئارشاڭ، قورغاس، كۆكتوقاي، چىڭگىل، بۇرچىن، ئاراتۇرۇك، چاقىلىق، ئونسۇ، نىيە، تاشقورغان. بۇنىڭغا 21 مىليون 450 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە مەركەزنىڭ مەبلىغى 5 مىليون 500 مىڭ يۈەن، ئاپتونوم رايوننىڭ ياندىشتۇرما مەبلىغى 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن، ۋىلايەت، ناھىيە، يېزىلار سالىدىغان مەبلەغ 4 مىليون 760 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلار چوغلايدىغىنى 9 مىليون 690 مىڭ يۈەن. قۇرۇلۇش تۈرلىرى ئاساسلىقى مۇنۇلاردىن ئىبارەت: 9066.7 گېكتار ئوتلاق ۋە يەم - خەشەك بازىسى قۇرۇلىدۇ، 6533.3 گېكتار ئوتلاق قاشالىنىدۇ، 435 ئائىلىلىك چارۋىچى ئولتۇراقلاشتۇرۇلىدۇ، 435 لاپاسلىق قوتان ياسىلىدۇ، 106 كىلومېتىر ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىلىدۇ، ئادەم ۋە چارۋا سۇ ئىچىدىغان 20 كىلومېتىر سۇ تورۇبىسى ياتقۇزۇلىدۇ، 10 سۇ ساقلاش كۆلچىكى ياسىلىدۇ، بۇ تۈرلەر پۈتكەندىن كېيىن ئۈنۈمدىن 683 مىڭ تۇياق چارۋا نەپ ئالىدۇ.

ۋاڭ جۈن

## قوي يۇڭى، ئۆچكە تىۋىتى ۋە چارۋا ئوبوروتى ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە قوي يۇڭى 64 مىڭ 150 تونىغا يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %3.2 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىنچىكە قوي يۇڭى 29 مىڭ 200 توننا بولۇپ، 1998 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. ئۆچكە تىۋىتى 840 تونىغا يېتىپ، %3.5 ئاشتى (1998 - يىلدىكى ئۆچكە تىۋىتىنىڭ ئەمەلىي سانى 811.37 توننا). 1999 - يىلى ئىنچىكە قوي يۇڭى ۋە ئۆچكە تىۋىتىنىڭ بازاردىكى باھاسى ئۆرلىدى. دەرىجىگە ئايرىلغان ئىنچىكە قوي يۇڭىنىڭ ھەر كىلوگىرامىنىڭ سېتىلىشى 11 يۈەندىن يۇقىرى بولدى. 5 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى رويخەتكە ئېلىپ تىزىملىغان ھەمدە ئىشلىتىلىشنى تەستىقلىغان شىنجاڭ «سافغالى» ماركىلىق قوي يۇڭى بېيجىڭدا ئېچىلغان يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى بويىچە يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۆرگەزمىسى ۋە 99' جۇڭگو خەلقئارا يېزا ئىگىلىك كۆرگەزمىسىدە داڭلىق مەھسۇلات بولۇپ باھالاندى ھەمدە ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا

ئېرىشتى، شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ ئەلا سۈپەتلىك ئىنچىكە قوي يۇڭى ماركىسى بارلىققا كەلدى.

1999 - يىلى ئۆچكە تىۋىتى باھاسىنىڭ ئۆرلەش ھەجمى چوڭراق بولدى، يېڭى تىۋىت بازارغا كىرگەندە ھەر كىلوگراممىنىڭ باھاسى 160 يۈەندىن 210 يۈەنگىچە بولغانىدى، 7 - ئايدىن كېيىن ئۆرلەپ 300 يۈەن ئەتراپىغا يەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈتۈنلەي سېتىلىپ بولدى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە قولدىن چىقىرىلغان چارۋا 23 مىليون 500 تۇياققا يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 1 مىليون 277 مىڭ 300 تۇياق ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە تاۋار چارۋا 17 مىليون 100 مىڭ تۇياق بولۇپ، 1 مىليون 20 مىڭ تۇياق ئاشتى. بازارلار چارۋا ۋە گۆش بىلەن يېتەرلىك تەمىنلەندى، باھا مۇقىملىق ئىچىدە تۆۋەنلىدى. كالا، قوينىڭ باھاسى ئوتتۇرىچە %8 ئەتراپىدا، كالا، قوي گۆشىنىڭ باھاسى %6 چۈشتى.

سىراجىدىن

## نەسىللىك چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى ۋە تىجارەت قىلىشىنىڭ باشقۇرۇلۇشى

چارۋىچىلىق نازارىتى 1999 - يىلى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ «نەسىللىك چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى»غا ئاساسەن، «نەسىللىك چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەت قىلىش ئىجازەتنامىسىنى باشقۇرۇش چارىسى»نى تۈزۈپ تارقاتتى، ئاپتونوم رايون بويىچە 67 تايانچ نەسىللىك ئۆي قۇشلىرى فېرمىسىنى ۋە نۇقتىلىق نەسىللىك كالا، قوي فېرمىسىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى، لاياقەتلىك بولغان 41 نەسىللىك چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرى ئىشلەپچىقىرىدىغان، تىجارەت قىلىدىغان ئورۇنغا «نەسىللىك چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرى ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت قىلىش ئىجازەتنامىسى» بەردى. شىنجاڭ چارۋا، ئۆي قۇشلىرىنى يېتىشتۈرۈش، نەسىل ياخشىلاش باش پونكىتى ئاساسىدا شىنجاڭ نەسىللىك چارۋا، ئۆي قۇشلىرى سۈپىتىنى نازارەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈپ كۆزىتىش مەركىزى قۇرۇش تەستىقلاندى ھەمدە گوۋۇيۈەننىڭ «نەسىللىك چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى»دىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئۇنىڭغا نەسىللىك چارۋا، ئۆي قۇشلىرىغا قارىتا مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىشنى نازارەت قىلىش ھاۋالە قىلىندى. شىنجاڭ چارۋا، ئۆي قۇشلىرى نەسلىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش كومىتېتى قۇرۇلدى، چوشقىنىڭ ئىككى يېڭى نەسلى تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى ۋە ئۇنىڭغا نام بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، نەسىللىك چارۋا، ئۆي قۇشلىرىنى شىنجاڭغا كىرگۈزۈش ۋە شىنجاڭدىن چىقىرىشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاشنى باشقۇرۇش خىزمىتى كۈچەيتىلىپ، نەسىللىك چارۋا، ئۆي قۇشلىرىنى كىرگۈزۈش قانۇن بويىچە قېلىپلاشتۇرۇلدى.

ۋىلايەت، ئوبلاست (شەھەر) دەرىجىلىك «نەسىللىك چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت قىلىش ئىجازەتنامىسى» تارقىتىش ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلىپ، نەسىللىك چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرىنى باشقۇرغۇچىلاردىن 50 نەچچە ئادەم تەربىيىلەندى.

فالڭ گۇاڭشىن

## كالا نەسلىنى ياخشىلاش خىزمىتى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندا نەسلىنى ياخشىلاش يۈزىسىدىن ئورۇنلاندۇرۇلغان كالا 1 مىليون 100 مىڭغا يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 90 مىڭ كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە توڭلىتىلغان ئىسپېرما بىلەن نەسىللەندۈرۈلگىنى 395 مىڭ تۇياق.

شىنجاڭ چارۋا - ئۆي قۇشلىرىنى يېتىشتۈرۈش، نەسلىنى ياخشىلاش باش پونكىتى ئاپتونوم رايوننى 792 مىڭ 700 ئامپۇل لاياقەتلىك ئىسپېرما بىلەن تەمىنلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىنچىكە نەيچىدە توڭلىتىلغان ئىسپېرما 679 مىڭ 200 ئامپۇل، دانىچىلاپ توڭلىتىلغان ئىسپېرما 113 مىڭ 500 ئامپۇل. 35 مىڭ 200 مىللىمېتىر سۇيۇقلاشتۇرۇلغان ئازوت، 196 سۇيۇقلاندۇرۇلغان ئازوت ئىدىشى، 35 ھىدروگېن گازى قاچىسى بىلەن تەمىنلىنىپ، كالا نەسلىنى ياخشىلاشنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى.

چەت ئەلدىن كالىنىڭ ياخشى نەسلىنى كىرگۈزۈش جەھەتتە، ئامېرىكىدىن 160 دانە قوڭغۇر بۇقا تورۇلمىسى، 2000 ئامپۇل قوڭغۇر بۇقا توڭلىتىلغان ئىسپېرمىسى، يېڭى زېلاندىيىدىن گۆش ئېلىش مەقسىتىدە بېقىلىدىغان سىمىنتال بۇقىسى تورۇلمىسىدىن 361 ى، ئانگېس بۇقىسى تورۇلمىسىدىن 659ى كىرگۈزۈلدى.

فالڭ گۇاڭشىن

## ئۇششاق چارۋا نەسلىنى ياخشىلاش ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 11 مىليون 350 مىڭ ئۇششاق چارۋىنىڭ نەسلى ياخشىلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە نەسلى ياخشىلانغان قوي 9 مىليون 200 مىڭ تۇياق (سۈنئىي ئورۇقلاندۇرۇلغىنى 2 مىليون 500 مىڭ)، ئۆچكە 2 مىليون 150 مىڭ تۇياق (سۈنئىي ئورۇقلاندۇرۇلغىنى 570 مىڭ).

ئاپتونوم رايوندا ئۇششاق چارۋا نەسلىنى ياخشىلاش خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئىنچىكە يۇڭلۇق قويچىلىقنى

تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي يېتىشتۈرۈشتە، بىر تەرەپتىن، نەسلىنى ياخشىلاش سالمىقى زورايتىلىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىنچىكە يۇڭلۇق قوينىڭ يۇڭىنىڭ ئىنچىكىلىكى تىرىشىپ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، شىنجاڭ ئەلا سۈپەتلىك ئىنچىكە قوي يۇڭى ئىشلەپچىقارغۇچىلار جەمئىيىتى قۇرۇلدى ھەمدە جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش بىرلىكلىرىدە ماشىنا بىلەن يۇڭ قىرقىش، جاۋىغا يۇڭنى چىقىرىۋېتىش، دەرىجە بويىچە تايلاشتىن ئىبارەت قوي يۇڭىنى زامانىۋى باشقۇرۇش زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇلدى.

ئاپتونوم رايوندا ئۇششاق چارۋا نەسلىنى ياخشىلاش خىزمىتى يەنە ئۇقتىلىق تەتقىق قىلىش، تۈرلەرنى كېڭەيتىش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈلدى. خوتەندە يولغا قويۇلغان يېڭى خوتەن يېرىم يىرىك يۇڭلۇق قوينى يېتىشتۈرۈش تۈرى ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى تەشكىللىگەن مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىك باھالىشىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتتى. تارباغاتاي ۋىلايىتىدە يولغا قويۇلغان شىنجاڭ يېرىم ئىنچىكە يۇڭلۇق قوينى يېتىشتۈرۈش تۈرى ۋە قەشقەر ۋىلايىتىدە يولغا قويۇلغان دولان قويىنىڭ ئەسلى نەسلىنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش تۈرى ئاپتونوم رايوننىڭ ئۇششاق چارۋىلارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش خىزمىتىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

ۋېي شىنپۇ

## خوتەن يېرىم يىرىك يۇڭلۇق يېڭى قوينى يېتىشتۈرۈش تۈرى ئوتتۇرا مەزگىللىك باھالاشتىن ئۆتتى

1999 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 -، 2 - كۈنلىرى ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى ئالاقىدار چارۋا مۇتەخەسسىسلىرىنى تەشكىللەپ، كېرىيە نەسىللىك قوي فېرمىسىدا «خوتەن يېرىم يىرىك يۇڭلۇق يېڭى قوينى يېتىشتۈرۈش تۈرى» نىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ئۈستىدە ئوتتۇرا مەزگىللىك باھالاش ئېلىپ باردى.

بۇ تۈر 1996 - يىلى تۇرغۇزۇلغان بولۇپ، ئۇنى يولغا قويۇشنى چارۋىچىلىق نازارىتىنىڭ چارۋىچىلىق باشقارمىسى، خوتەن ۋىلايەتلىك چارۋىچىلىق باشقارمىسى بىرلىكتە ئۈستىگە ئالغان. بۇ تۈردە لىنكېن قويىنى ئاتىلىق، خوتەن قويىنى ئانىلىق قىلىپ، مېتىس 2 - ئەۋلادنى توغرا لىنىيىلىك چېتىشتۇرۇپ مۇقىملاشتۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە سورت ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان خوتەن يېرىم يىرىك يۇڭلۇق يېڭى قويدىن 4751 ى يېتىشتۈرۈلۈپ، فېرمىدىن خوتەن يېرىم يىرىك يۇڭلۇق يېڭى قوشقاردىن 557 سى چىقىرىلىپ، تۈر پىلانىنىڭ %79.2 ى ئورۇندالدى. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ نەق مەيداندا كۆزىتىپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، خوتەن يېرىم يىرىك قوينىڭ يېڭى چوڭ سافلىقىدىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2.56 كىلوگرام يۇڭ چىقىدىكەن، ئۇنىڭ ئوتتۇرىچە ئېغىرلىقى 40.30 كىلوگرام كېلىدىكەن؛ تۇساق قويدىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2.46 كىلوگرام يۇڭ چىقىدىكەن، ئۇنىڭ ئوتتۇرىچە ئېغىرلىقى 29.30 كىلوگرام كېلىدىكەن. بۇ سان تۈرنىڭ كۆرسەتكۈچ تەلىپىگە يېقىنلىشىدىكەن. مۇتەخەسسىسلەر بۇ تۈرنىڭ ۋاقتىدا تاماملىنىشىدىن ئۈمىد بار دەپ قارىدى. تۈرنىڭ يولغا قويۇلۇشى شۇ يەردىكى خوتەن قويىنىڭ يۇڭى ۋە گۆشىنى بىر قەدەر زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈپ، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ قوي باقمىچىلىقىغا زور تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ۋېي شىنپۇ

## چوشقا بېقىش - سېتىش ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە چوشقا 1 مىليون 883 مىڭ 400 گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %10.91 ئاشتى؛ قولدىن چىقىقىنى 2 مىليون 38 مىڭ 700 گە يېتىپ، %3.28 ئاشتى؛ ئېلىنغان گۆش 160 مىڭ 200 توننىغا يېتىپ، %17.79 ئاشتى. 1999 - يىلى ھەربىر كىلوگرام بورداق چوشقا 4.8 يۈەندىن، كۈچۈكى 11 يۈەندىن سېتىۋېلىندى، ئۆستىخانلىق يېڭى چوشقا گۆشىنىڭ ھەربىر كىلوگرامىنىڭ بازاردىكى پارچە سېتىلىش باھاسى 7 — 9 يۈەن، لوق گۆشىنىڭ ھەر كىلوگرامى 8 — 10 يۈەن، سان 9 — 12 يۈەن، پەش گۆش 6 — 7 يۈەن، قارا گۆش 15 — 18 يۈەن بولدى. 1999 - يىلى يەم - خەشەك باھاسى ئەرزان بولغاچقا، چوشقا باققۇچىلارنىڭ ئاكتىپلىقى خېلى يۇقىرى بولدى، بازاردىكى سېتىلىشىدا چوڭ تەۋرىنىش بولماي، ئىشلەپچىقىرىش ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىم بولدى. يەككە ئىگىلىكتىكى چوشقا فېرمىلىرى ئاساسىي جەھەتتىن زىيان تارتمىدى، سەل - پەل پايدا ئالدى، دۆلەتنىڭ نەسىللىك چارۋا فېرمىلىرى زىيان تارتتى.

جېڭ جياڭپىڭ

## ئۆي قۇشلىرىنى بېقىش - سېتىش ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە قولدا قالغان ئۆي قۇشلىرى 33 مىليون 465 مىڭ 400 گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %17.06؛ قولدىن چىقىرىلغىنى 41 مىليون 510 مىڭ 400 گە يېتىپ، %9.58؛ ئېلىنغان قۇش گۆشى 68 مىڭ 300 توننىغا يېتىپ، %12.52؛ تۇخۇم 166 مىڭ 800 توننىغا يېتىپ، %25.04 ئاشتى. 1999 - يىلى يەم - خەشەك باھاسى ئەرزان بولغانلىقتىن، ئاپتونوم رايون

بويىچە ئۆي قۇشلىرى بېقىش ۋەزىيىتى بىر قەدەر ياخشى بولدى. ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىش خېلى مۇقىم بولدى. بىر كىلوگرام يېڭى تۇخۇمنىڭ فېرمىدىن چىقىش باھاسى ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 5 . 6 يۈەن، ئەڭ تۆۋەن بولغاندا 5 . 3 يۈەن بولدى، بىر يىلدىكى ئوتتۇرىچە باھاسى 5 . 5 يۈەن بولدى. گۆش توخۇسى چۈجىسىنىڭ ھەر بىرىنىڭ باھاسى ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 8 . 3 يۈەن، ئەڭ تۆۋەن بولغاندا 5 . 1 يۈەن بولدى (2 ئاي ئەتراپىدا مۇشۇنداق بولدى) . ھەر كىلوگرام توخۇنىڭ بازار باھاسى 5 . 6 — 5 . 8 يۈەن بولدى.

جياڭ جياڭپىڭ

## 2 ـ قارارلىق سۈت تەرەققىيات تۈرى

1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايون ياۋروپا ئىتتىپاقى 2 ـ قارارلىق سۈت تۈرىنى ئىجرا قىلىدىغان 2 ـ يىل. ئۈرۈمچىدىن شىخەنزىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى تۈر رايونىنىڭ قوزغۇلۇشىغا 20 مىليون 505 مىڭ 86 . 229 يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ مەبلىغى 4 مىليون 11 مىڭ 25 . 781 يۈەن، جۇڭگو تەرەپ يانداشتۇرغان مەبلەغ 16 مىليون 493 مىڭ 61 . 448 يۈەن. سۈتچى دېھقانلارنىڭ سېغىن كالىنى كۆپەيتىشىنى قوللاش، سۈتچى دېھقانلار ھەمكارلىقى ۋە مۇلازىمىتى، ئىقتىسادىي ئىسلاھات ۋە بازار، مۇھىت، سۈت مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش ۋە سۈتچى دېھقانلارنى تەربىيىلەش قاتارلىق تۈرلەر ئورۇندالدى. بۇنىڭ ئىچىدە سۈتچى دېھقانلارنىڭ كالا بېقىشىنى قوللاشقا سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليون 786 مىڭ 500 يۈەن بولۇپ، پىلان %36 . 100 ئورۇندالدى، بۇنىڭ ئىچىدە ياۋروپا ئىتتىپاقى ياردەم بەرگەن پۇل 200 مىڭ يۈەن بولۇپ، پىلان %100، يانداشتۇرۇلغان مەبلەغ 1 مىليون 586 مىڭ 500 يۈەن بولۇپ، پىلان %41 . 100 ئورۇندالدى. سۈتچى دېھقانلار ھەمكارلىقى ۋە مۇلازىمىتى 16 چارۋىچىلىق مەسلىھەتچىسى ۋە 16 مال دوختۇرلۇق مەسلىھەتچىسىنىڭ خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئۇلارنى سىناپ كۆرۈشنى؛ مەسلىھەتچىلەرگە جىپ ماشىنا، موتسىكلىت، تېلېفون سەپلەپ بېرىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىر سۈت پونكىتىنى ئۆزگەرتىش، 2 سۈت پونكىتىنى يېڭىدىن قۇرۇش قۇرۇلۇشى پۈتۈپ، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى؛ سۈپەت كونترول قىلىش تەجرىبىخانىسىنىڭ تۇپا قۇرۇلۇشى پۈتتى. تۈر رايونىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئۈرۈمچى شەھىرى بىر توپ تارقىتىش مەركىزىنىڭ تۇپا قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ ئۈسكۈنىسىنى سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى، تۇپا قۇرۇلۇشىغا 300 مىڭ يۈەن ياندىشتۇرۇپ، پىلانىنى %100 ئورۇندىدى، ئۈسكۈنىگە 98 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ 49 مىڭ يۈەن، جۇڭگو تەرەپنىڭ 49 مىڭ يۈەن. ئۈرۈمچى شەھىرىدە 80 پارچە سېتىش نۇقتىسىنىڭ قۇرۇلۇشى، سانجى شەھىرىدە 20 پارچە سېتىش نۇقتىسىنىڭ قۇرۇلۇشىنىڭ ۋەزىپىسى ئورۇندالدى؛ پارچە سېتىش نۇقتىسىنىڭ تۇپا قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان ياندىشىما مەبلەغ 1 مىليون 249 مىڭ 400 يۈەن بولۇپ، پىلان %95 . 99 ئورۇندالدى، ئۈسكۈنىگە ياۋروپا ئىتتىپاقى سالغان مەبلەغ 378 مىڭ يۈەن بولۇپ، پىلان %106 ئورۇندالدى. سانجى شەھەرلىك سۈت مەھسۇلاتلىرى ئورنىنىڭ تۇپا قۇرۇلۇشىنىڭ ياندىشىما قۇرۇلۇشى پۈتتى، بۇنىڭغا 5 مىليون 45 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، پىلان %100 ئورۇندالدى؛ ئۈرۈمچى سۈت مەھسۇلاتلىرى 2 ـ زاۋۇتىنىڭ پاستېرلاش لىنىيىسىنىڭ تۇپا قۇرۇلۇشىنىڭ ياندىشىما قۇرۇلۇشىغا 1 مىليون 967 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، پىلان %100 ئورۇندالدى.

1999 ـ يىلى دۆلەت سىرتىدا 2 قېتىم، مەملىكەت بويىچە 6 قېتىم، رايون خاراكتېرلىك 6 قېتىم، يەرلىكتە 13 قېتىم تەربىيىلەش ئېلىپ بېرىلىپ، 452 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى، تەربىيىلەشكە 577 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ 535 مىڭ يۈەن، جۇڭگو تەرەپنىڭ 42 مىڭ يۈەن.

1999 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا تۈر ئېلىپ بېرىلىۋاتقان رايونلاردا قولدا قالغان سېغىن كالا 16 مىڭ 53 تۇياقا يېتىپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن %9 . 5 ، يىللىق سۈت مىقدارى 40 مىڭ 153 توننا بولۇپ، %7 . 8، تاۋار سۈت 39 مىڭ 875 توننا بولۇپ، %10 ئاشتى، يېتىلگەن سېغىن كالىنىڭ بىرلىك سۈتى 5 توننىغا يەتتى، تۈر رايونىدا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن سۈت 9 . 15 كىلوگرام بولۇپ، 3 . 1 كىلوگرام ئاشتى. 1999 ـ يىلى تۈر ئېلىپ بېرىلىۋاتقان رايوندا سۈت ياسالمىلىرى 38 مىڭ 800 توننىغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە پاستېرلاش سۈتى 20 مىڭ 480 توننا، قېتىق 5600 توننا، غەيرىي پاستېرلاش سۈتى 10 مىڭ 950 توننا، زىيادە يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا مىكروبسىزلاندۇرۇلغان سۈت 120 توننا، تولۇق ئېتىبارلىق سۈت پاراشوكى 475 توننا، خام قايماق 30 توننا، پىشلاق 30 توننا، مارۇژنى 1080 توننا، سۈت ئىچىملىكى 35 توننا.

گاۋ چىڭچاۋ

## مال دوختۇرلۇق دورا مەمۇرىيىتىنىڭ باشقۇرۇلۇشى

1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندىكى مال دوختۇرلۇق دورا مەمۇرىيىتى تارماقلىرى 1197 تۈركۈم (قېتىم) تۈرلۈك مال دوختۇرلۇق دورىلىرىنى نازارەت قىلىش، ھاۋالە قىلىش

قاتارلىق تەكشۈرۈشنى تاماملىدى، بۇنىڭ لاياقەتلىك بولغىنى 781 تۈركۈم (قېتىم) بولۇپ، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 65.25% بولدى، ھاۋالە بويىچە 136 تۈركۈم (قېتىم) تەكشۈردى، بۇنىڭ لاياقەتلىك بولغىنى 114 تۈركۈم (قېتىم) بولۇپ، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 83.82% بولدى؛ شىنجاڭغا كىرگۈزۈشنى ئىلتىماس قىلغان دورىنى 194 تۈركۈم (قېتىم) تەكشۈردى، بۇنىڭ لاياقەتلىك بولغىنى 122 تۈركۈم (قېتىم) بولۇپ، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 62.89% بولدى؛ تەستىق نومۇرنى ئالماشتۇرۇشقا مەلۇم قىلىنغان دورىلارنى 147 تۈركۈم (قېتىم) تەكشۈردى، بۇنىڭ لاياقەتلىك بولغىنى 126 تۈركۈم (قېتىم) بولۇپ، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 85.71% بولدى.

«15 - مارت» مەزگىلىدە چارۋىچىلىق نازارىتى ساختا تاۋارلارغا زەربە بېرىش پائالىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ساختا، ناچار مال دوختۇرلۇق دورىلىرىنى كۆيدۈرۈش نەق مەيدان يىغىنى ئېچىپ، ساختا، ناچار ۋە ۋاقتى ئۆتكەن مال دوختۇرلۇق دورىسىدىن 2000 يەشىكنى كۆيدۈردى، بۇنىڭ سوممىسى 440 مىڭ يۈەندىن ئاشىدۇ. ئۈرۈمچى شەھىرى ئەنەنچۈيدىكى مال دوختۇرلۇق دورىسى سېتىش ئورنىنىڭ مۇداپىئە كۆرۈشكە ئىشلىتىلىدىغان بىئولوگىيىلىك ياسالمىلارنى قانۇنسىز تىجارەت قىلىش دېلوسى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، بۇ دېلودىكى دورا قىممىتى 30 مىڭ يۈەن.

جۇ زىفۇ

## ھايۋانات يۇقۇملۇق كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە نازارەتچىلىك، باشقۇرۇش ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون ئۈرۈمچى شەھىرىدە بىر قېتىم چوڭ تىپتىكى «ھايۋانات يۇقۇملۇق كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى»نى تەشۋىق قىلىش پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇردى. ۋىلايەت (ئوبلاست)، شەھەر، ناھىيىلەرمۇ كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق جەمئىيەتكە كەڭ تەشۋىق قىلدى. جايلاردا قانۇن - تۈزۈم بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى، كۇرسقا 3481 ئادەم قاتناشتى.

1999 - يىلى «ھايۋانات يۇقۇملۇق كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لاياقەتنامىسى»، «چارۋا مالنى ۋە ئۆي قۇشلىرىنى چىققان جايىدا كارانتىن قىلىش ئىسپاتى»، «چارۋا مالنى ۋە ئۆي قۇشلىرىنى توشۇغاندا كارانتىن قىلىش ئىسپاتى»، «چارۋا مال ۋە ئۆي قۇشلىرى مەھسۇلاتلىرىنى كارانتىن قىلىش ئىسپاتى»، «چارۋا مال ۋە ئۆي قۇشلىرىنى ھەم چارۋا مال ۋە ئۆي قۇشلىرى مەھسۇلاتلىرىنى توشۇش قوراللىرىنى دېزىنفېكسىيە قىلىش ئىسپاتى»دىن 237 مىڭ 200 پارچە، ھەرخىل تامغا، بەلگىدىن 10 مىڭ 600 يۈرۈش تارقىتىلدى.

جۇ زىفۇ

## ھايۋانات يۇقۇملۇق كېسەللىكىنىڭ پەيدا بولۇش ۋە تارقىلىش ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدى ئېلىنغان، كارانتىن قىلىنغان، قۇرت چۈشۈرۈلگەن، داۋالانغان چارۋا 220 مىليون 243 مىڭ 500 گە يەتتى. چارۋىنىڭ ئېغىز، تۇياق يۇقۇملۇق كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش جەھەتتە ئاسان يۇقۇملىنىدىغان چارۋىلارغا قارىتا مەجبۇرىي ئىممۇنىتېتلاش كۈچەيتىلدى، بىر يىلدا 49 مىليون 340 مىڭ تۇياق (قېتىم) كالا، قوي، چوشقا ئىممۇنىتېتلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە كالا 6 مىليون 380 مىڭ تۇياق (قېتىم)، قوي - ئۆچكە 41 مىليون 150 مىڭ تۇياق (قېتىم)، چوشقا 1 مىليون 810 مىڭ تۇياق (قېتىم). برۇتسېللىيوز تاياقچە باكتېرىيىسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش جەھەتتە، چارۋىلار ئارىسىدا برۇتسېللىيوز تاياقچە باكتېرىيىسى كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان ياش چارۋىلارنى ئىممۇنىتېتلاش ۋە كارانتىن قىلىپ كۆزىتىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى، 4 مىليون 255 مىڭ تۇياق ياش چارۋا ئىممۇنىتېتلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە S19 نومۇرلۇق ۋاكسىنا بىلەن ئىممۇنىتېتلانغان موزاي 403 مىڭ، M5 نومۇرلۇق ۋاكسىنا بىلەن ئىممۇنىتېتلانغان قوزا 3 مىليون 852 مىڭ. برۇتسېللىيوز تاياقچە باكتېرىيىسى يۇقۇملۇق كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان كالا، قوي، ئۆچكە قاتارلىقلار 126 مىڭ 500، بۇنىڭدىن تەكشۈرۈپ تېپىلغان كېسەل چارۋا 901 تۇياق بولۇپ، ئوتتۇرىچە كېسەل چىقىش نىسبىتى 0.71% بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە كارانتىن قىلىنغان كالا 44 مىڭ 500، بۇنىڭدىن تەكشۈرۈپ تېپىلغان كېسەل كالا 614 بولۇپ، كېسەل چىقىش نىسبىتى 1.37%؛ كارانتىن قىلىنغان قوي 82 مىڭ، بۇنىڭدىن تەكشۈرۈپ تېپىلغان كېسەل قوي 287 بولۇپ، كېسەل چىقىش نىسبىتى 0.35% بولدى. كېسەللىككە ئائىت ماتېرىيالدىن 372 پارچە، گۇمانلىق شتاممىدىن 24 تۈپى توپلاندى، تەكشۈرۈپ بېكىتىش نەتىجىسىدە 15 تۈپتە برۇتسېللىيوز تاياقچە باكتېرىيىسى تېپىپ چىقىلدى، كېسەل چىقىش نىسبىتى 3.78% بولدى. ئاتتا بولىدىغان يۇقۇملۇق كەم قانلىق كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش جەھەتتە، بايىنغولىن ئوبلاستى ۋە قەشقەر ۋىلايىتىدە 26 مىڭ 723 ئات كارانتىن قىلىندى، تەكشۈرۈشتە 51 ئاتتا كېسەل كۆرۈلدى، ئوتتۇرىچە كېسەل بولۇش نىسبىتى



ماشىنا بىلەن ئوت - چۆپ ئورۇش

جاۋ جۇنئەن فوتوسى

يىغىنغا ۋىلايەت (ئوبلاست)، شەھەرلەرنىڭ چارۋىچىلىققا مەسئۇل مۇئاۋىن ۋالىيلىرى (مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقلىرى)، چارۋىچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىرى، مال دوختۇرلۇق پونكىتلىرىنىڭ باشلىقلىرى ۋە ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار نازارەت (ئىدارە)، پەن تەتقىقات ئورنى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ۋەكىللىرى بولۇپ 95 كىشى قاتناشتى، يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ ھايۋانات يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك خۇلاسىلەندى ھەمدە يۇنىڭدىن كېيىن ھايۋانات يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا دائىر قانۇن، قائىدە، نىزاملارنى يەنىمۇ ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھايۋانات يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

جۇ رىغۇ

## چارۋىچىلىقتىكى ئاپەت ئەھۋالى

1999 - يىلى ئەتىياز ۋە ياز پەسىللىرىدە ئاپتونوم رايون بويىچە چارۋىچىلىقتىكى ئاپەت بىر قەدەر ئېغىر بولدى. 1 - ئاينىڭ دەسلەپكى 10 كۈنىدە ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي، سانجىلاردا ئومۇميۈزلۈك قاتتىق قار ياغدى، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا يىغىندى قارنىڭ قېلىنلىقى 30 — 50 سانتىمېتىرغا يەتتى. ئوتلاقنى قار بېسىۋالغاچقا، چارۋا ماللارنىڭ ئوت - چۆپ يېيىشى قىيىنلاشتى. 3 - ئايدىكى ئوتلاققا كۆچۈش مەزگىلىدە موڭغۇلكۈرە، ئىلىغا، تېكەس، غۇلجىنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىغا 30 — 40 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا قار ياغدى، كەڭسا‌ي يول بۇلۇڭىدە كۆپ يەردە قار كۆچۈپ، ئوتلاققا كۆچۈشكە تەسىر يەتتى. ئالتاي ۋىلايىتى 3 - ئاينىڭ باشلىرى ۋە ئوتتۇرىلىرىدا كۈچلۈك سوغاق ئېقىم، قاتتىق بوران - چاپقۇننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغانلىقتىن، تېمپېراتۇرا 30°C-قا چۈشۈپ قالدى، 30 — 50 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا قار ياغدى. چىڭگىل ناھىيىسى ئېغىر ئاپەت رايونى بولۇپ، تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان ئەتىيازلىق قار ئاپىتى ئوتلاققا كۆچۈرۈلۈپ بولغان 300 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق چارۋىنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. تاشقورغان ناھىيىسىدە 3 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان شىۋىرغان ئاپىتى بولۇپ، 5 يېزا، مەيدان، 930 ئۆيلۈك چارۋىچى، 103 مىڭ تۇياق چارۋا قېلىن قار بىلەن قاپسىلىپ قالدى. 4 - ئاينىڭ بېشىدا تارباغاتاينىڭ شىمالدىكى 4 ناھىيىسىدە، تېمپېراتۇرا سىجىل تۆۋەنلەپ قار ياغدى، يىغىندى قارنىڭ قېلىنلىقى 25 سانتىمېتىرغا يېتىپ، ئوتلاققا

0.19% بولدى، يۇقۇملىنىش مەنبەسىنى يوقىتىش ئۈچۈن، يۇقۇملانغان چارۋىلارنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرۈلۈپ، چوڭقۇر كۆمۈۋېتىلدى. ئاتتىكى ماڭقا كېسىلىنى كۆزىتىپ تەكشۈرۈش جەھەتتە، 5200 ئات كارانتىن قىلىنىپ كۆزىتىپ تەكشۈرۈلگەندە، كېسەل ئات چىقمىدى. كالا تۇبېركۇليوز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش جەھەتتە، ئاساسلىقى، شەھەر - بازارلاردىكى سېغىن كالىنى كارانتىن قىلىپ ساپلاشتۇرۇش ئاساس قىلىندى، 30 مىڭ 596 تۇياق كالا كارانتىن قىلىنغاندا، 298 كالىدا كېسەل كۆرۈلدى، كېسەل بولۇش نىسبىتى 0.97% بولدى. كېسەل چارۋىلار ئۆلتۈرۈلۈپ كۆمۈۋېتىلدى. پارازىتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش جەھەتتە، ئىچكى پارازىتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاشتا يەنىلا مەددە قۇرت، يىپچە قۇرتلار؛ تاشقى پارازىتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش جەھەتتە قوي قىچىشقىقى ئاساس قىلىندى. جەمئىي 42 مىليون 783 مىڭ 200 تۇياق چارۋىدىن قۇرت چۈشۈرۈلدى، 36 مىليون 53 مىڭ 500 چارۋا (قېتىم) دورىلاندى. توشۇلغان ھايۋاناتلارنى كارانتىن قىلىش جەھەتتە، ئۈرۈمچى، قۇمۇل، كۈيتۇڭ، كورلا تۆمۈر يوللىرىدىكى مال دوختۇرلۇق - كارانتىن قىلىش پونكىتلىرى شىنجاڭدىن چىقىرىلىدىغان 3033 تۇياق چارۋىنى، 64 مىڭ 429 توننا ھايۋانات مەھسۇلاتىنى كارانتىن قىلدى. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 753 مىڭ 800 تۇياق چارۋا ئۆزىنىڭ چىققان جايىدا، 8 مىليون 884 مىڭ 400 تۇياق چارۋا قۇشخانا ۋە بازارلاردا كارانتىن قىلىندى.

1999 - يىل 11 - ئاينىڭ 16 — 17 - كۈنلىرى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايون بويىچە ھايۋانات يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى يىغىنى ئاچتى.

كۆچۈرۈلۈۋاتقان 150 مىڭ تۇياق چارۋا يول ئۈستىدە توسۇلۇپ قالدى. 4 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي، سانجى، بورتالا، قۇمۇل، بايىنغولىن، ئاقسۇ قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلارنى بىر قېتىملىق قاتتىق بورانلىق ۋە كۈچلۈك سوغۇق ئېقىمىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئوتتۇرىچە شامال كۈچى 7 — 8 بالغا يەتتى، تېمپېراتۇرا 10℃ - قا چۈشۈپ قالدى، ئايرىم چارۋىچىلىق رايونلىرىدا يىغىندى قارنىڭ قېلىنلىقى 40 سانتىمېترغا يەتتى.

7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 8 - ئاينىڭ باشلىرىغىچە جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ نۇرغۇن چارۋىچىلىق رايونلىرىدا كۆپ يىللاردىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان كەلكۈن ئاپىتى يۈز بەردى. ئاپەت ئېغىر بولغان ناھىيە، شەھەرلەر مۇنۇلار: كۆكتوقاي، ئالتاي، قابا، تېكەس، شىخۇ، ساۋەن، قۇتۇبى، ماناس، خېجىڭ، خوشۇت، ئونسۇ، باي، كۇچا، ئاقتۇ، نىيە. بۇ قېتىمقى كەلكۈن 68 مىڭ گېكتار ئوتلاقنى بۇزۇۋەتتى، چارۋىچىلارنىڭ 747 ئېغىز ئۆيىنى ئۆرۈۋەتتى، 1794 ئېغىز ئۆيىنى زىيانغا ئۇچراتتى، 2200 كىلومېتىر كۆچ يولىنى؛ 313 كۆۋرۈك ۋە سۇغىرىش ئەسلىھەلىرىنى بۇزۇۋەتتى، 42 مىڭ چارۋا ئۆلدى.

جايلار ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن سىلىنىشنىڭ كۆپەيتتى، بۇنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى. قىش ۋە ئەتىياز مەزگىلىدە 10 مىليارد 261 مىليون كىلوگرام ئوت - چۆپ، 945 مىليون كىلوگرام يەم - خەشەك، 41 مىڭ 9 مىولياۋ ئېيىپ ئىشلىتىلگەن قوتان ئۈچۈن 274 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. تەدبىر كۈچلۈك بولغانلىقتىن، قىش ۋە ئەتىياز پەسلىدە يېتىلگەن چارۋىدىن ئۆلگىنى 394 مىڭ 200 تۇياق بولدى.

ۋاڭ جۈن

## يەم - خەشەك سانائىتى

1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە سائىتىگە كۆپرەك يەم - خەشەك پىششىقلىيالايدىغان سانائەت كارخانىسى 253 كە، 2 ئىسمىنا بويىچە يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 1 مىليون 850 مىڭ تونىغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سائىتىگە 5 توننىدىن كۆپرەك بىرىكمە ۋە ئارىلاشما يەم - خەشەك ئىشلىيەلەيدىغان كارخانا 19، سائىتىگە بىر توننىدىن كۆپرەك ئىشلىيەلەيدىغان كارخانا 219، پىرىسلانغان يەم - خەشەك پىششىقلايدىغان كارخانا 2، خورۇز قوشۇپ ئارىلاشما يەم - خەشەك پىششىقلايدىغان كارخانا 13؛ 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 913 مىڭ 100 توننا ھەرخىل يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە بىرىكمە ۋە ئارىلاشما يەم - خەشەك 874 مىڭ 200 توننا بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن %3.52، پىرىسلانغان يەم - خەشەك 31 مىڭ 300 توننا بولۇپ، %46.95، خورۇز قوشۇلغان ئارىلاشما يەم - خەشەك 7500 توننا بولۇپ، %33.93 ئاشتى. بىرىكمە ۋە ئارىلاشما يەم - خەشەك ئىچىدە، بىرىكمە يەم - خەشەك %90 تىن ئاشىدۇ. بىرىكمە ۋە ئارىلاشما يەم - خەشەك ئىچىدە چوشقا يېمى %34.81نى، توخۇم قۇشلىرى يېمى %35.9نى، گۆش قۇشلىرى يېمى %15.75نى، بېلىق يېمى %6.79نى، باشقا يەملەر %6.76نى ئىگىلەيدۇ.

1999 - ئاپتونوم رايون بويىچە پىششىقلانغان يەم - خەشەك مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 405 مىليون يۈەنگە يەتتى، يەم - خەشەك كارخانىلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىسى 3515 بولدى.

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر يەم - خەشەك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش پونكىتى ھەرخىل يەم - خەشەكلەرنى 844 تۈركۈم (قېتىم) تەكشۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە قەرەللىك نازارەت قىلىپ تەكشۈرگىنى 34 تۈركۈم (قېتىم)، لاياقەتلىك بولغىنى 33؛ باجنى كەچۈرۈم قىلىپ تەكشۈرگىنى 423 تۈركۈم (قېتىم)، لاياقەتلىك بولغىنى 391؛ توختام، ھاۋالە بويىچە تەكشۈرگىنى 387 تۈركۈم (قېتىم).

1999 - يىل 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر يەم - خەشەك ئىشخانىسى ئاپتونوم رايون بويىچە 160 يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسىغا يەم - خەشەك بېجىنى كەچۈرۈم قىلىشنى ئىلتىماس قىلىش سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش رەسمىيىتىنى بېجىرىپ بەردى. باج كەچۈرۈم قىلىش ئىلتىماس قىلىنغان ئاساسلىق مەھسۇلاتلار مۇنۇلار: بىرىكمە يەم - خەشەك، پىرىسلانغان يەم - خەشەك، ئالدىن تەييارلانغان ئارىلاشما يەم - خەشەك، كۈنجۈرە (چىگىت كۈنجۈرىسى، ئاپتاپپەرەس كۈنجۈرىسى، قىچا كۈنجۈرىسى، پۇرچاق كۈنجۈرىسى، زىغىر كۈنجۈرىسى، زاراڭزا كۈنجۈرىسى)، قىزىلچىدىن ياسالغان دانچە يەم - خەشەك، كالا - قوي ئىسپىرمىسىنى تولۇقلايدىغان يەم -خەشەك، مۆككەك تالقىنى، كېۋەز شاكىلى، بۇغداي كېپىكى، ھاراق تىرىپى قاتارلىقلار.

لىۋ جۈنجيەن

## يەم - خەشەك پىششىقلاش

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون (بىڭتۇەن بۇنىڭ سىرتىدا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) بويىچە 4 مىليون 703 مىڭ 700 توننا شاخ - سامان سىلوسلاندى، ئاممىياكلاندى، مىكرو جانلىقلار بىلەن ئېچىتىلدى، بۇ 839 مىڭ 900 توننا ئاشلىق تېجىگەنگە باراۋەر بولۇپ، ئۇنىڭ بىۋاسىتە ئىقتىسادىي ئۈنۈمى 282 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئارزاڭ،

قىزىلچا ئىرىپى قاتارلىق يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىدىن 552 مىڭ توننا سىلوسلاندى. تەخمىنەن 7 مىليون توننا شاخ - سامان ۋە ئوت - چۆپ توغرالدى ۋە ئۇۋۇتىلدى.

شاخ - سامان سىلوسلاش بىر يىلدا سىلوسلانغان شاخ - سامان 4 مىليون 216 مىڭ 100 توننا بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 16.98% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە باشقى بىلەنلا سىلوسلانغان كۆمىقوناق 1 مىليون 221 مىڭ 300 توننا بولۇپ، 28.97%نى ئىگىلەيدۇ. ئالتاي، تورپان، ئىلى، قەشقەر، ئاقسۇدىن ئىبارەت 5 ۋىلايەت، ئوبلاست ۋەزىپىنى ئورۇندىدى ياكى ئاشۇرۇپ ئورۇندىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە سىلوسلانغان شاخ - سامان ئىچىدە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 23.72%نى، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ 16.6%نى، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ 15.42%نى، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ 13.18%نى، سانجى ئوبلاستىنىڭ 12.08%نى ئىگىلىدى.

شاخ - ساماننى ئاممىياكلاشتۇرۇش بىر يىلدا 144 مىڭ 200 توننا شاخ - سامان ئاممىياكلاشتۇرۇلدى، پەقەت ئىلى ۋىلايىتىلا ۋەزىپىنى ئورۇندىدى، ئۇنىڭ مەھسۇلات مىقدارى ئاپتونوم رايون بويىچە مەھسۇلات مىقدارىنىڭ 69.21%نى ئىگىلىدى.

شاخ - سامان سىلوسلاش بىر يىلدا 348 مىڭ توننا شاخ - سامان سىلوسلاندى. ۋەزىپىنى ئورۇندىغان 5 ۋىلايەت - ئوبلاست ئىچىدە تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ئاپتونوم رايون بويىچە سىلوسلانغان شاخ - ساماننىڭ 22.99%نى، سانجى ئوبلاستىنىڭ 23.22%نى، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ 20.14%نى، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 14.37%نى، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ 14.37%نى ئىگىلىدى

لىۇ جۈنجيەن

# ئورمانچىلىق

## ئورمان مۇھاپىزەت قىلىش

ئورماننى مۇھاپىزەت قىلىپ، ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 10 قېتىم ئورمان ئوت ئاپىتى يۈز بەردى، بۇنىڭ ئىچىدە يانغىن تىرىۋوگىسى 8 قېتىم، زور ئوت ئاپىتى بىر قېتىم، ئادەتتىكى ئوت ئاپىتى بىر قېتىم. ئوت كەتكەن ئورمانلىق كۆلىمى 1763.1 گېكتار، بۇنىڭ ئىچىدە زىيانغا ئۇچرىغان ئورمان 164.2 گېكتار. ئاپتونوم رايون بويىچە ئورمان ئوت ئاپىتىنىڭ يۈز بېرىش نىسبىتى 0.5 قېتىم (ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر 100 مىڭ گېكتار بويىچە). ئورماننىڭ زىيانغا ئۇچراش نىسبىتى 0.04‰ بولدى. زىيانغا ئۇچرىغان دەل - دەرەخنى ھەجىمگە سۇندۇرغاندا 2543 كۇب مېتىر، يۆمران دەرەخ 1088 تۈپ. ئورماننى مۇھاپىزەت قىلىپ، ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، 3 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئەتىياز پەسىللىك ئورمان مۇھاپىزەت قىلىش - ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تارقىتىلدى. 4 - ئاينىڭ باشلىرىدا ئورمانچىلىق نازارىتى 3 تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، تەڭرىتاغنىڭ ئوتتۇرا - شەرق قىسمى، غەربىي قىسمى ۋە ئالتاي تېغىدىكى ئورمان رايونلىرىدىكى ئوت ئاپىتى مەنبەسىنىڭ باشقۇرۇلۇش ئەھۋالى، ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈش ئەھۋالى، يېرىم كەسپىي ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتىنىڭ تەشكىللىنىش ئەھۋالى قاتارلىقلارنى تەكشۈردى. 8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 10 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە تېخنىكا خادىملىرى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 10 - بەش يىللىق ئورمانچىلىق پىلانى ۋە 2015 - يىلغىچە بولغان ئۇزاق مەزگىللىك ئورمانچىلىق ئومۇمىي پىلانى تۈزۈلدى ھەمدە ئۇ دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسىگە يوللاندى. 1999 - يىلى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مەخسۇس تۈرىگە سالغان 700 مىڭ يۈەن، جايلار تەييارلىغان 650 مىڭ يۈەن مەبلەغكە ئورمانلىقتا ئوت ئۆچۈرۈش ئاپتوموبىلىدىن 4ى، تېلېگراف ئاپپاراتى ۋە سۆزلىشىش ئاپپاراتىدىن 30 نەچچىسى، ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈش چېدىرىدىن 85ى ۋە بىر قىسىم ئىشخانا لازىمەتلىكلىرى سېتىۋېلىندى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

ئورمانلىقتىكى كېسەللىك، ھاشارات ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش، كارانتىن قىلىش 1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندا 138 مىڭ 700 گېكتار ئورمانلىقتا كېسەللىك، ھاشارات ئاپىتى يۈز بەردى، 114 مىڭ گېكتار ئورمانلىقتىكى كېسەللىك ۋە ھاشاراتنىڭ ئالدى ئېلىندى ۋە ئۇ يوقىتىلدى. كېسەللىك، ھاشارات ئاپىتىنىڭ يۈز بېرىش نىسبىتى تۈزلەڭلىك ئورمانلىقلىرىدا 13.04%، تاغ تېغىشي ئورمانلىقلىرىدا 0.89%؛ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش نىسبىتى تۈزلەڭلىك ئورمانلىقلىرىدا 82.87%، تاغ تېغىشي ئورمانلىقلىرىدا 67.53%؛ نازارەت قىلىش - كۆزىتىش نىسبىتى تۈزلەڭلىك ئورمانلىقلىرىدا 81.61%، تاغ تېغىشي ئورمانلىقلىرىدا 67.99%؛ كارانتىن قىلىش نىسبىتى تۈزلەڭلىك ئورمانلىقلىرىدا 95.75%، تاغ تېغىشي ئورمانلىقلىرىدا 98.37% بولدى. 1 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق ئىدارە (مەيدان) باشلىقلىرى يىغىنىدا ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئورمانچىلىق ئىدارىلىرى، غەربىي تەڭرىتاغ، ئالتاي تېغى ئورمانچىلىق

ئىدارىلىرى ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورمانچىلىق مەيدانلىرى بىلەن «1999 - يىلى ئورمانلىقتىكى كېسەللىك، ھاشارات ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىش بويىچە نىشانلىق باشقۇرۇش مەسئۇلىيەتنامىسى» ئىمزالاندى. 1998 - يىلى نىشاندىكى ۋەزىپىنى بىر قەدەر ياخشى ئورۇندىغان تارباغاتاي ۋىلايىتى، بورتالا ئوبلاستى، خوتەن ۋىلايىتى ۋە شىخەنزە شەھىرى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئارقىلىق تەقدىرلەندى. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئورمانلىقتىكى كېسەللىك، ھاشارات، چاشقان ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىشتا 9 مىليون 348 مىڭ 900 يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە مەركەز سالغىنى 1 مىليون 200 مىڭ يۈەن، ئاپتونوم رايون سالغىنى 700 مىڭ يۈەن، ۋىلايەت، ناھىيىلەر سالغىنى 1 مىليون 420 مىڭ يۈەن، ئامما جۇغلىغىنى 5 مىليون 148 مىڭ 100 يۈەن، باشقا مەبلەغ 880 مىڭ 800 يۈەن.

**ياۋايى ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈك مۇھاپىزەت قىلىش - باشقۇرۇش** 1999 - يىلى قورۇقلۇقتا ياشايدىغان ياۋايى ھايۋان بايلىقىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى داۋاملىق ئىشلىنىپ، 1195 ئەۋرىشكە بەلۋېغىنى تەكشۈرۈش تاماملاندى. بۇنىڭ ئىچىدە سۇغىرىلىدىغان ئورمان ئەۋرىشكە بەلۋېغى 651، يايلاق ئورمىنى ئەۋرىشكە بەلۋېغى 159، چۆل ئورمىنى ئەۋرىشكە بەلۋېغى 299، دېھقانچىلىق رايونلىرى ئورمان بەلۋېغى 86 بولۇپ، ئومۇمىي تەكشۈرۈلگەن كۆلەم 756 مىڭ 600 كۋادرات مېتىر. تارىم ئويمانلىقى، باغراش كۆلى، ئېرتىش دەرياسى، بۆلغۇن دەرياسى، ئۇلۇڭگۇر كۆلى، قاناس كۆلى ۋە بوغدا كۆلى قاتارلىق نۇقتىلىق نەم يەردىن 22 پارچىنى، ئادەتتىكى نەم يەردىن 200 پارچىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى ئورۇندالدى. دانىيە، كانادا، ئاۋستىرىيە، مېكسىكا قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەن ئوۋ ھەۋەسكارلىرى كۈتۈۋېلىندى.

**ئورمانچىلىق جامائەت خەۋپسىزلىكى** 1999 - يىلى ئورمانغا دائىر ھەرخىل دېلودىن 1711ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە جىنايى ئىشلار دېلوسى 22، ئامانلىقنى ساقلاش دېلوسى 122، بېرىلگەن ھوقۇق بويىچە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان ئورمانچىلىق مەمۇرىيىتىگە دائىر دېلو 1567. قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان 3168 جىنايەتچىگە زەربە بېرىلدى، 970 كۇب مېتىر ياغاچ، 324 دانە ياۋايى ھايۋان قولغا چۈشۈرۈلۈپ، 12 مىليون 961 مىڭ 600 يۈەن ئىقتىسادىي زىياننىڭ ئالدى ئېلىندى. ھەر دەرىجىلىك ئورمانچىلىق ج خ تارماقلىرىغا 21 ساقچى ماشىنىسى، 45 تاپانچا، بىر قىسىم خەۋەرلىشىش ۋە ئىشخانا مۇئەسسەسەلىرى سەپلەپ بېرىلدى. 1999 - يىلى 9 ئورۇن، 61 شەخس مۇكاپاتلاندى. بولۇپمۇ «كۆك شىلۋا - 1» ھەرىكىتىدە 2 ئورۇن كوللېكتىپ 2 - دەرىجىلىك، 7 - ئورۇن كوللېكتىپ 3 - دەرىجىلىك؛ 3 ئادەم 1 - دەرىجىلىك، 6 ئادەم 2 - دەرىجىلىك، 13 ئادەم 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى.

سەي لىشىن

## ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تۈزلەڭلىكتە 71 مىڭ 910 گېكتار ئورمان بەرپا قىلىندى (بىڭتۇەن بۇنىڭ سىرتىدا)، بۇنىڭ ئىچىدە ماتېرىيال ئورمىنى 2880 گېكتار، ئىقتىسادىي ئورمان 38 مىڭ 100 گېكتار، ئىھاتە ئورمىنى 26 مىڭ 540 گېكتار، يېقىلغۇ ئورمىنى 3350 گېكتار، ئالاھىدە ئىشلارغا ئىشلىتىلىدىغان ئورمان 1040 گېكتار. تەكشۈرۈش ئارقىلىق لاياقەتلىك بولۇپ ئەمەلىي ئورۇندالغان كۆلەم 58 مىڭ 110 گېكتار. تىكىلگەن مەجبۇرىيەت كۆچىتى 42 مىليون 850 مىڭ تۈپ، پارچە - پۇرات كۆچەت 24 مىليون 320 مىڭ تۈپ. تاغلىق رايوندا 3880 گېكتار ئورمان يېپىلاندى ۋە بەرپا قىلىندى، 4930 گېكتار ئورمان پەرۋىش قىلىندى، سۇنئىي ئىلگىرى سۈرۈلگەن تەبىئىي يېڭىلىنىشتا لاياقەتلىك بولغان كۆلەم 5000 گېكتار. تاغ قورشىلىپ يېتىشتۈرۈلگەن ئورماننىڭ لاياقەتلىك بولغان كۆلىمى 46 مىڭ گېكتار. ئاپتونوم رايون بويىچە 5440 گېكتار يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن يېتىشتۈرۈلگىنى 4300 گېكتار. قۇملۇق رايوندىن 127 مىڭ 600 گېكتار يەر ئېچىلىپ، ئۇنىۋېرسال تىزگىنلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇم تىزگىنلەش ئورمىنى بەرپا قىلىنغىنى 19 مىڭ 800 گېكتار، قۇمنى قامال قىلىش ئورمىنى ۋە ئوت - چۆپ بەرپا قىلىنغىنى 100 مىڭ گېكتار، قۇمنى تىزگىنلەپ ئېتىز بەرپا قىلىنغىنى 5470 گېكتار، دورىلىق ئۆسۈملۈك ۋە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلغىنى 2330 گېكتار. داۋاملىق دائىرىلەنگەن تۈزلەڭلىك تەبىئىي ئورمىنى 404 مىڭ 700 گېكتار، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن دائىرىلەپ يېتىشتۈرۈلگەن كۆلەم 133 مىڭ 300 گېكتار، كەلكۈن سۈيى بىلەن سۇغىرىلغان تەبىئىي ئورمانلىق 100 مىڭ گېكتار.

1999 - يىلى يەنە بۇرۇلتوقاي، ئالتاي، چۆچەك، تۇرپان، چاپچال، ئۇلۇغچات، مورى ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىدىن ئىبارەت 8 ناھىيە (شەھەر) دە ئېتىز - ئېرىقلار ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇلدى. مارالبېشى، يوپۇرغا، باغراش ۋە ساۋەن ناھىيىلىرى ئاپتونوم رايوننىڭ تۈزلەڭلىكنى كۆكەرتىش بويىچە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

1999 - يىلى تاغلىق رايون ئورمانچىلىق مەيدانلىرىدا 236 مىڭ كۇب مېتىر ياغاچ كېسىلدى. سېتىلغان ئەن ياغاچ 215 مىڭ كۇب مېتىر بولۇپ، سېتىلىش نىسبىتى 91.1% بولدى. ساقلىنىپ قالغان ئەن ياغاچ 55 مىڭ كۇب مېتىر.

خام چوت ئىچىدىكى كارخانىلارنىڭ ياراتقان پايدىسى 20 مىليون يۈەندىن ئاشتى.

مەي لىشىن

## ئورمان بايلىقى ۋە ئورمان مەمۇرىيىتىنىڭ باشقۇرۇلۇشى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندا ئالتاي تېغى ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ كۆكتوقاي، قابا ئورمانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ 300 مىڭ گېكتار ئورمان بايلىقىنى 2 - خىلدىكى تەكشۈرۈش تاماملاندى. تۇزلەڭلىكتىكى ئورمان بايلىقىنى 2 - خىلدىكى تەكشۈرۈشنىڭ زور قىسمىدىكى ئىچكى كەسپىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى ئورۇنلاندى. «ئىككى رايون» دىكى تەكشۈرۈش (يەنى تەبىئىي ئورماننى قوغداش قۇرۇلۇشى رايونى ۋە نۇقتىلىق ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلۇش رايونىدىكى ئورمان بايلىقىنى ئېنىقلاش) نىڭ ئاساس خىزمىتى تاماملىنىپ، «ئىككى رايون» دىكى تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ تېخنىكىلىق لايىھىسى ۋە خىزمەت لايىھىسى يېزىپ چىقىلدى. ش ئۇ ئا ر 10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ئورمان بايلىقىنى كېسىش چېكىنى تۈزۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە 10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ئورمان بايلىقىنى كېسىش چېكىنى تۈزۈشنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە ئالدىنقى مەزگىللىك تەييارلىق خىزمىتى پۈتتۈرۈلدى ھەمدە تۇنجى قېتىم تەقلىدىي كومپيۇتېر بويىچە ھېسابلاش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، كېسىش چېكى تۈزۈلدى. غەربىي تەڭرىتاغ ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈش - لايىھىلەش ئورنى قاتارلىق 27 ئورۇننىڭ بايلىق سۈپىتىنى تەكشۈرۈپ دەرىجىگە ئايرىش سالاھىيىتى تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى.

ئورمان يەرلىرىنى ئاسراش خىزمىتى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى. 1999 - يىلى چېكىنىپ كەتكەن تېرىلغۇ يەرلەرنى ئورمانلىققا ئۆزگەرتىش خىزمىتى داۋاملىق چىڭ تۇتۇلدى. باركۆل تاشيول قۇرۇلۇشى قاتارلىق بىر تۈركۈم قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىنىڭ ئورمانلىقنى ئىگىلەش قوشۇمچە رەسمىيىتىنى بېجىرىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىندى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كوللېكتىپ، يەككە ئورمان ھوقۇقى گۇۋاھنامىسىنى تارقىتىش خىزمىتىنىڭ تەپسىلىي قائىدىسى تۈزۈپ چىقىلىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە كوللېكتىپ ئورمان ھوقۇقى گۇۋاھنامىسىنى تارقىتىش خىزمىتى يولغا قويۇلدى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئورمانچىلىق مەمۇرىيىتى دېلوسى 1932 قېتىم يۈز بەردى، بۇنىڭ 1824 قېتىملىقى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، 13 گېكتار يەردىكى ئورمان زىيانغا ئۇچرىدى، زىيانغا ئۇچرىغان دەرەخ 2174 كۇب مېتىر، نوتا دەرەخ 19 مىڭ 200 تۈپ، يىغىۋېلىنغان ياغاچ 726 كۇب مېتىر، 1 مىليون 280 مىڭ يۈەن قانۇنسىز تاپاۋەت مۇسادىرە قىلىندى، 3411 ئادەم (قېتىم) گە مەمۇرىي جازا بېرىلدى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 91 ياغاچ ماتېرىيال تەكشۈرۈش پونكىتىدا 665 قېتىم ياغاچ ماتېرىيالنى قانۇنسىز توشۇش دېلوسى يۈز بەردى، بۇنىڭ 638 قېتىملىقى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، 10 مىڭ يۈەن قانۇنسىز تاپاۋەت، 20 كۇب مېتىر ياغاچ مۇسادىرە قىلىندى. 638 ئادەم (قېتىم) گە جازا بېرىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئورمانچىلىق رايونلىرىدىكى تاشيوللاردا «ئۆچ قالايمىقان» ھادىسىسى بىر قېتىم كۆرۈلگەندى، ئۇ بىر تەرەپ قىلىندى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندا چەكتىن ئاشۇرۇپ دەرەخ كېسىش ھادىسىسى كۆرۈلمىدى، بۇ يىل ئاپتونوم رايون بويىچە ئورمان كۆلىمى ۋە زاپىسى ئۇدا ئاشقان 7 - يىل بولدى.

چى جىنشەن

## تەبىئىي ئورمانلىقنى مۇھاپىزەت قىلىش قۇرۇلۇشى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندا 59 مىڭ 779.8 گېكتار پاراۋانلىق ئورمىنى قۇرۇلۇشى ۋەزىپىسى ئورۇنلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە سۇنئىي يېتىلدۈرۈلگىنى 2116.9 گېكتار، سۇنئىي بەرپا قىلىنغىنى 1760.2 گېكتار. تەبىئىي ئورمان يېتىلدۈرۈشنىڭ سۇنئىي ئۇسۇلدا ئىلگىرى سۈرۈلگىنى 3968.9 گېكتار، پەرۋىش قىلىنغان ئورمان 3534.9 گېكتار، تاغ قورشىلىپ يېتىشتۈرۈلگەن ئورمان 48 مىڭ 398.9 گېكتار. ئورمان بايلىقىنى مۇھاپىزەت قىلىشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتقان رايونلاردا مۇستەھكەم بەلگىدىن 373 ى ئورنىتىلدى، 106 ئورمان مۇھاپىزەت قىلىش كۆزەتچىلىك ئورنى كۆپەيتىلدى، 773 مىڭ 541 مېتىر قورشاۋ سىمى تارتىلدى.

شيې جۈن

## ئورمان باغچىسى قۇرۇلۇشى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندا يېڭىدىن 5 ئورۇندا ئورمان باغچىسى قۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكى 4، ناھىيە دەرىجىلىكى بىر. يېڭىدىن قۇرۇلغان ئورمان باغچىلىرىنىڭ باشقۇرىدىغان كۆلىمى 88 مىڭ گېكتار، 3 مىليون يۈەن قۇرۇلۇش مەبلىغى سېلىنىپ، ساياھەتچىلىك تاشيولىدىن 106 كىلومېتىر، ساياھەتچىلەر پىيادە يولىدىن 75 كىلومېتىر، تۈرلۈك ساياھەتچىلىك مۇلازىمىتى مۇئەسسەسىدىن 7060 كۋادرات مېتىر ياسالدى، ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن 470 كارىۋات سېتىۋېلىندى. 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە 40 ئورمان

باغچىسى قۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىكى 2، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكى 23، ناھىيە دەرىجىلىكى 15. بۇ باغچىلارنىڭ كۆلىمى 297 مىڭ 100 گېكتار. ئاپتونوم رايون بويىچە ئورمان باغچىسى قۇرۇلۇشىغا 15 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنىپ، ساياھەتچىلىك تاشيولىدىن 749 كىلومېتىر، ساياھەتچىلەر پىيادە يولىدىن 445 كىلومېتىر، تۈرلۈك ساياھەتچىلىك مۇلازىمىتى مۇئەسسەسىدىن 37 مىڭ 560 كۋادرات مېتىر ياسالدى، 3704 كارىۋات سېتىۋېلىندى، باغچا خادىمى 581 گە يەتتى. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئورمان باغچىلىرى 1 مىليون ساياھەتچى (قېتىم) نى كۈتۈۋالدى، ساياھەتچىلىكتىن 5 مىليون يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلىپ 2 مىليون يۈەن پايدا ئالدى.

لىيۇ يىڭ

## باغۋەنچىلىك قۇرۇلۇشى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندا 36 مىڭ 760 گېكتار يەرگە مېۋىلىك دەرەخ تىكىلدى. بۇ، ئاپتونوم رايون بويىچە تۈزلەڭلىكتە بەرپا قىلىنغان ئورمان كۆلىمىنىڭ %53 نى ئىگىلەپ، 1998 - يىلدىكىدىن 15 مىڭ 430 گېكتار ئاشتى.

باغۋەنچىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى قېلىپلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئورمانچىلىق نازارىتى «شىنجاڭدىكى ئالاھىدە ئىقتىسادىي ئورمان تاۋار بازىسى قىلىنىدىغان نۇقتىلىق 26 ناھىيىنىڭ 1999 - يىلدىن 2010 - يىلغىچە بولغان قۇرۇلۇش ئومۇمىي پىلانى» نى تۈزۈپ چىقتى، ئۇنىڭدا ئىقتىسادىي ئورمان بەرپا قىلىنىدىغان كۆلەم 160 مىڭ گېكتار بولۇپ، مۇھىمى شىنجاڭچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ياڭاق، نەشپۈت، ئۆرۈك، ئانار، گىلاس، ئۈزۈم، قاتارلىق داڭلىق، ئالاھىدە مېۋىلىك دەرەخلەر تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغان بازا قىلىنىدىغانلىقى پىلانلانغان.

شى جۇ

## ئورمانچىلىق تېخنىكىسىنىڭ كېڭەيتىلىشى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 1 مىليون 900 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىنىپ، ئورمانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش تۈرىدىن 19ى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسى 3 شىمال ئىھاتە ئورمانلىقى قۇرۇلۇشى ئىدارىسى ئورۇنلاشتۇرغان مەبلەغ 400 مىڭ يۈەن، ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى ئورۇنلاشتۇرغان مەبلەغ 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن.

ئەلا سورتلۇق ۋە مول - ھوسۇللۇق ئىقتىسادىي ئورمان ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش   چولڭ چىلان، ياڭاق، ئۈزۈم، ئانار قاتارلىقلارنىڭ ئەلا سورتلۇق سافلام كۆچىتىنى يېتىشتۈرۈش ۋە مول ھوسۇللۇق دەرەخلەرنى ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش، تاغلىق رايونلاردا تمتۇر تېمپېراتۇرىلىق بەلۋاغ تەرەققىي قىلدۇرۇش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش سەزمۇن قىلىنغان 6 چوڭ تۈر بولغا قويۇلۇپ، سانجى، ئىلى، تارباغاتاي، خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا كېڭەيتىلدى، كېڭەيتىلگەن كۆلەم 6866.7 گېكتارغا يەتتى، 320 نەچچە گېكتار تۈرلۈك ئۈلگە بازىسى قۇرۇلدى.

ئىقتىسادىي ئورمان ئەلا سورتىنىڭ كىرگۈزۈلۈشى

ئامېرىكا قارا ياڭىقىنىڭ ئۇرۇقىدىن ئۆستۈرۈلگەن كۆچىتىدىن 5000 تۈپ، ئۇلانغان كۆچىتىدىن 2000 تۈپ، ئۇرۇقىدىن 5000 تال؛ ئامېرىكا ياغلىق ياڭاق كۆچىتىدىن 12 مىڭ تۈپ؛ گوللاندىيە گۈزەل قاغىتمىرنىقى ئۇرۇق باشقىدىن 15 مىڭى كىرگۈزۈلدى.

ئورمان چاشقىنى ئاپتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىش تېخنىكىسى   چۆچەك شەھىرى، جىمسار ناھىيىلىرىدە 666.7 گېكتاردىن يەردە بۇ تېخنىكا كېڭەيتىلدى ۋە ئۈلگە كۆرسىتىلدى.

تەربىيىلەش تۈرى   30 مىڭدىن ئارتۇق دېھقان تېخنىك (قېتىم) تەربىيىلەندى ھەمدە ۋىلايەت، ناھىيىلەرنىڭ 1200 پەن - تېخنىكا خادىمى بىلىم يېڭىلاش يۈزىسىدىن تەربىيىلەندى.

شۈي ۋېن

## تىبەت بۆكىنىنى قوغداش ھەرىكىتى

شىنجاڭنىڭ تولۇق قوراللانغان 68 ئورمانچىلىق ساقچىسى 1999 - يىل 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسى ئويۇشتۇرغان «كۆك شىلۋا 1 - نومۇرلۇق ھەرىكەت» كە قاتنىشىپ، ئالتۇنتاغدىكى دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدا تىبەت بۆكىنىنى قانۇنسىز ئوغرىلىقچە ئوۋلاش ھەرىكىتىگە زەربە بەردى. شىنجاڭ بۇ قېتىملىق ھەرىكەتكە «جۇڭگو شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى تۆمۈر مۇشت — 99' تىبەت بۆكىنىنى قوغداش ھەرىكىتى» دەپ نام بەردى. شىنجاڭ ئورمانچىلىق ساقچىلىرى دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 4100 مېتىر كېلىدىغان ئالتۇنتاغدىكى دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدا تىبەت بۆكىنىنى قانۇنسىز ئوغرىلىقچە ئوۋلاش ھەرىكىتىگە زەربە بېرىشنى قانات يايدۇردى. 20 كۈنلۈك كۈرەش ئارقىلىق ياۋايى ھايۋاننى ئوغرىلىقچە ئوۋلاش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانغان 19 جىنايەتچى قولغا چۈشۈرۈلدى، بۇنىڭدىن بىرسى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى، بىرسى يارىدار بولدى؛ ئوغرىلىقچە ئوۋ ئوۋلاشقا ئىشلىتىلگەن 5 جىپ

ئاپتوموبىل، 4 دانە تاپانچا، 350 تال ئوق قولغا چۈشۈرۈلدى؛ تىبەت بۆكىنى تېرىسىدىن 522 سى، بېشىدىن 142 سى؛ ئېيىق تېرىسىدىن بىرى، ئېيىق تاپىنىدىن 12 سى، سىلەيسۈن تېرىسىدىن بىرى، قوتاز تېرىسىدىن 6 سى، قوتاز بېشىدىن 2 سى يىغىۋېلىندى؛ قوراللىق ئوغرىلىقچە ئوۋ ئوۋلاش گۇرۇھىدىن 7 سى يوقىتىلدى، ئوغرىلىقچە ئوۋ ئوۋلىغۇچىلار ئۆۋىسىدىن 10ى پاچاقلاندى ھەمدە قاش تېشى، ئالتۇندىن ياسالغان ئەسۋابلار ۋە بىر قىسىم نەق پۇل قولغا چۈشۈرۈلدى. بۇ قېتىمقى ھەرىكەت جۇڭگودا تۇنجى قېتىم تەشكىللەنگەن ياۋايى ھايۋانلارنى ئوغرىلىقچە ئوۋلاش جىنايەتچىلىرىگە ئۈلكە ئاتلاپ بىرلىشىپ زەربە بېرىش ھەرىكىتى بولۇپ، ئوغرىلىقچە ئوۋ ئوۋلىغانلارنى قاتتىق ساراسىمىگە سالدى.

چېن شۆئەن

## ’99 ستودېنتلار يېشىل لاگېرىنىڭ شىنجاڭغا ساياھەت پائالىيىتى

بۇ پائالىيەتنى ستودېنتلار يېشىل لاگېرى، شياڭگاڭ «چاڭچۇن» جەمئىيىتى، ئورمانچىلىق نازارىتى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان. 1999 - يىل 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى شىنجاڭ بوغدا كۆلى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدا لاگېرنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى ستودېنتلار يېشىل لاگېرى جۇڭگونىڭ مەشھۇر مۇھىت ئاسراش يازغۇچىسى تاڭ شىياڭ ئەپەندى، شياڭگاڭ «چاڭچۇن» جەمئىيىتىنىڭ ۋەكىلى، مەملىكەت بويىچە بېيجىڭ، شاڭخەي، گۇاڭجۇ قاتارلىق 10 چوڭ شەھەر ۋە شياڭگاڭدىكى 25 ئالىي مەكتەپنىڭ 40 ستودېنتىدىن تەركىب تاپقان. يېشىل لاگېر دۆلەت دەرىجىلىك قاناس تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، بوغدا كۆلى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، توققۇزتارادىكى شەمشاد تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، بۇرچىندىكى قۇندۇز تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى قاتارلىق 8 تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇلار بارغانلا يېرىدە، بىر تەرەپتىن، تەشۋىقات ئېلىپ بارسا، يەنە بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، مۇھاپىزەت رايونلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا مۇۋاپىق تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە يازما تەكشۈرۈش دوكلاتى تەييارلىدى. شىنجاڭغا ساياھەت پائالىيىتى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، يېشىل لاگېر يەنە بېيجىڭدا ’99 ستودېنتلار يېشىل لاگېرى شىنجاڭ ساياھىتى رەسىم كۆرگەزمىسى ئاچتى، ژۇرنال چىقاردى ھەمدە «جۇڭگو يېشىللىقلىق ۋاقىت گېزىتى» قاتارلىق گېزىتلەردە ماقالە ئېلان قىلدى، نۇرغۇن ئاخبارات ۋاستىلىرى خەۋەر قىلىپ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

جاڭ يەنگاڭ

## مەملىكەتلىك كۆكەرتىش مېدالىغا ئېرىشكەنلەر

مەملىكەتلىك كۆكەرتىش كومىتېتىنىڭ 18- قېتىملىق ئومۇمىي يىغىنىدا 1998 - يىلى كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىش - ۋەتەننى كۆكەرتىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشتا گەۋدىلىك تۆھپە ياراتقانلارغا «مەملىكەتلىك كۆكەرتىش مېدالى» بېرىش قارار قىلىندى. شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى مايتاغ خىمىيىۋى ئوغۇت باش زاۋۇتىدىن نۇرمۇھەممەت ئامان، كۈيتۇڭ شەھەرلىك باغۋەنچىلىك باشقارمىسىدىن گاۋ جىڭيۇەن، سانجى شەھىرى سەنگوڭ بازىرى جەنۇبىي تۆگۈڭ كەنتىدىن خۇ جىڭجۇ، كورلا شەھەرلىك باغۋەنچىلىك باشقارمىسىدىن لىيۇ يەنشىڭ، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق تەتقىقات ئورنىدىن شىجىڭ، يېڭىسار ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىدىن ئاۋۇت سەيدىن، ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونى شەھەر قۇرۇلۇشى ئىدارىسى كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى باشقارمىسىدىن ۋاڭ گوچياڭ، ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونى شەھەر قۇرۇلۇشى ئىدارىسىدىن جۈرئەت ھاجى، قەشقەر تۆمۈر يول تارمىقى 2 - چوڭ ئەترەت 3 - ئوتتۇرا ئەترىتىدىن غالىپ خېلىل، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى قۇمۇل تۆمۈريول ئورمانچىلىق مەيدانىدىن جاڭ جيەنپىڭ، ئورمانچىلىق نازارىتى شىخو ئورمانچىلىق مەيدانىدىن ماجىڭمىڭ، ئورمانچىلىق نازارىتىدىن شاۋلىشەن، ش ئۇ ئا ر كۆكەرتىش كومىتېتىدىن مەھەممەتجان ساۋۇت قاتارلىق 13 كىشى شۇ قاتاردىن ئورۇن ئالدى.

شاڭ لىجۇەن

## ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر

1999 - يىل 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسى ئاتۇش، شىخو، نىلقا، ئاۋات، ئونسۇ، بۇگۇر، يەنجىدىن ئىبارەت 7 ناھىيە - شەھەرگە «مەملىكەت بويىچە تۈزلەڭلىكنى كۆكەرتىشتىكى ئىلغار ئورۇن» دەپ نام بەردى.

1999 - يىلى بارىكۆل ناھىيە ساقا بۇلاق توغراقلىق ئورمان باشقۇرۇش پونكىتىدىن ۋاڭ شۇشىن، شىخو شەھىرى خاتۇبۇخ بازىرىدىن ئەن لەنسۇڭ، توققۇزتارا ناھىيە ئاقتۇبەك يېزىسىدىن ئابلاشىم ئابدۇرېبىك، ئۈچتۇرپان ناھىيە ئاقيار يېزىسىدىن ئابدۇسالام مەخسۇم، ئارشاڭ ناھىيە تاشۇ يېزىسىدىن چېن لىفۇ، پىچان ناھىيە چىقتىم بازىرىدىن ماجەنلۇڭ، مەكىت ناھىيە يانتاق يېزىسىدىن مەھەممەت سادىق، ئاتۇش شەھىرى قاراجول يېزىسىدىن موللاخۇن ئەيسا، خوتەن ناھىيە بۇزاق يېزىسىدىن قۇربان ئاخۇنلارغا دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر يېزا - كەنت ئورمان مۇھاپىزەتچىسى دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلدى.

1999 - يىلى ئورمانچىلىق نازارىتىنىڭ تەشۋىقات باشقارمىسى دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك

ئورمان قەدىرلەش تەشۋىقاتى بويىچە تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

1999 ـ يىلى ئورمانچىلىق نازارىتىنىڭ تەشۋىقات باشقارمىسىدىن لى شياۋمىڭ دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك ئورمان قەدىرلەش تەشۋىقاتى بويىچە ئالاھىدە تۆھپە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

1999 ـ يىلى ئورمانچىلىق نازارىتىنىڭ مورى ئورمانچىلىق مەيدانىغا گوۋۇيۈەن 3 ـ قېتىملىق مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ دېگەن شەرەپلىك نامنى بەردى.

1999 ـ يىلى دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسى ئورمانچىلىق نازارىتىنىڭ ئالتاي تېغىدا تۇرۇشلۇق ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ ئورمان بايلىقلىرى باشقارمىسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ ئورمان بايلىقلىرى بۆلۈمىگە ئورمان بايلىقىنى باشقۇرۇشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ دېگەن نامنى؛ ئورمانچىلىق نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى شاۋ لىشەن، غەربىي تەڭرىتاغ ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ باش ئىنژېنېرى جۇ فاڭچى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى خىزىرقان، بورتالا شەھەرلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ جۈن، ئىلى ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى تيەن گوجۈلارغا ئورمان بايلىقىنى باشقۇرۇشتىكى ئىلغار شەخس دېگەن شەرەپلىك نامنى بەردى.

1999 ـ يىلى دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسى ما جيەنجاڭ، ۋاڭ شېڭيۈلارغا چوڭ مۇشۇك ئېيىق مېدالى بەردى. شىنجاڭ بايىنبۇلاق دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى باشقۇرۇش پونكىتى مەملىكەت بويىچە تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنى باشقۇرۇشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى. ئورمانچىلىق نازارىتى ھايۋانات ـ ئۆسۈملۈكلەرنى مۇھاپىزەت قىلىش ئىشخانىسىدىكى دۇنۇڭ، ئالتۇنتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى باشقۇرۇش باشقارمىسىدىكى جاڭ خۇيېنلار مەملىكەتلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى بويىچە ئىلغار شەخس دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى.

خې شۇي، چې جىنشەن، سەي لىشىن

# دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش

## دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1999 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە (بېكىتۈەن بۇنىڭ سىرتىدا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 6 مىليون 449 مىڭ 800 كىلوۋاتقا يېتىپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن %5.75 ئاشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە چوڭ، ئوتتۇرا تراكتور 45 مىڭ 214 كە يېتىپ، %6.71؛ كىچىك تراكتور 228 مىڭ 553 كە يېتىپ، %7.53؛ تراكتورغا سۆرىتىلىدىغان چوڭ، ئوتتۇرا دېھقانچىلىق سايمىنى 101 مىڭ 107 گە يېتىپ، %8.57؛ تراكتورغا سۆرىتىلىدىغان كىچىك دېھقانچىلىق سايمىنى 275 مىڭ 724 كە يېتىپ %15.57 ئاشتى؛ چوڭ، ئوتتۇرا تراكتورنىڭ يۈرۈشلىنىش نىسبىتى 1:2.24؛ كىچىك تراكتورلارنىڭ يۈرۈشلىنىش نىسبىتى 1:1.21 بولدى. كومبايىن 2320 گە يېتىپ، 95ى؛ دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ماتورلۇق سۇ چىقىرىۋېتىش ـ سۇغىرىش ماشىنىسى 26 مىڭ 800 گە يېتىپ، %10.35؛ دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى 339 مىڭ 200 كىلوۋاتقا يېتىپ، %3.21 ئاشتى.

1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ مەشغۇلات مىقدارى 35 مىليون 260 مىڭ گېكتارغا يېتىپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن %1.1 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ماشىنا بىلەن ھەيدەلگەن يەر كۆلىمى 2 مىليون 328 مىڭ 300 گېكتارغا يېتىپ، %9.37؛ ماشىنا بىلەن ئۇرۇق سېلىنغان يەر كۆلىمى 1 مىليون 974 مىڭ 700 گېكتارغا يېتىپ، %1.61 ئاشتى؛ ھوسۇلى ماشىنا بىلەن يىغىلغان يەر كۆلىمى 640 مىڭ 400 گېكتارغا يېتىپ، 1998 ـ يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ ماشىنا بىلەن كولتىۋاتسىيە قىلىنغان يەر كۆلىمى 680 مىڭ گېكتارغا يېتىپ، %18.54 ئاشتى؛ ماشىنا بىلەن سۇلياۋ يوپۇق يېپىلغان يەر كۆلىمى 603 مىڭ 800 گېكتار بولۇپ، 217 مىڭ 500 گېكتار ئازايدى؛ ماشىنا بىلەن ئۇرۇلغان ئوت ـ چۆپ 2 مىليون 647 مىڭ 500 توننا بولۇپ، 165 مىڭ 100 توننا ئاشتى؛ ماشىنا ئارقىلىق ئاسرالغان ئۆسۈملۈك كۆلىمى 1 مىليون 167 مىڭ 500 گېكتار بولۇپ، 103 مىڭ 200 گېكتار ئازايدى؛ ماشىنا ئارقىلىق دېنى ئايرىلغان ئاشلىق 5 مىليون 851 مىڭ 700 تونىنغا يېتىپ، %6.18 ئاشتى؛ دېھقانچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش يېڭى تېخنىكىسىدىن 15ى كېڭەيتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئوجۇپىلەپ تېرىلغان يەر كۆلىمى 750 مىڭ 700 گېكتارغا يېتىپ، %42.29؛ خىمىيىۋى ئوغۇت ماشىنا ئارقىلىق چوڭقۇر بېرىلگەن يەر كۆلىمى 1 مىليون 601 مىڭ 500 گېكتارغا يېتىپ، %15.69؛ شاخ ـ شۇمبىسى ئۆۋۈتىلىپ ئۆزىگە ئوغۇت قىلىنغان يەر كۆلىمى 291 مىڭ 900 گېكتارغا يېتىپ، %8.63؛ ماشىنا ئارقىلىق تەييارلانغان سىلوس 4 مىليون 836 مىڭ 300 تونىنغا يېتىپ،

55.52% ئاشتى؛ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەشغۇلاتىغا سەرپ قىلىنغان ماي 327 مىڭ 50 توننىغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تراكتور مەشغۇلاتىغا سەرپ قىلىنغان ماي 248 مىڭ 543 توننا.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ھېساباتىدىكى تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ قىممىتى 5 مىليارد 153 مىليون 626 مىڭ 500 يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 6.49% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكىسىنىڭ 105مىليون 406 مىڭ 500 يۈەن، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكىسىنىڭ 727 مىليون 557 مىڭ يۈەن، دېھقانچىلىق ماشىنىسى بار دېھقانلارنىڭ 4 مىليارد 320 مىليون 663 مىڭ يۈەن.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تىجارىتى كىرىمى 4 مىليارد 259 مىليون 999 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 1.71% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەشغۇلاتى كىرىمى 3 مىليارد 811 مىليون 887 مىڭ 400 يۈەنگە يېتىپ، 21 مىليون 218 مىڭ 200 يۈەن؛ دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش كىرىمى 89 مىليون 867 مىڭ 300 يۈەنگە يېتىپ، 20 مىليون 112 مىڭ 800 يۈەن ئاشتى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تىجارىتىنىڭ ساپ كىرىمى 1 مىليارد 589 مىليون 945 مىڭ 200 يۈەن بولۇپ، 58 مىليون 945 مىڭ 400 يۈەن ئاشتى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تراكتورچى ۋە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەشغۇلاتچىسىدىن 125 مىڭ 442 سى تەربىيىلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن تەربىيىلەنگىنى 20 مىڭ 9.

1999 - يىل 1 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايون يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش خىزمىتى يىغىنى ئاچتى. يىغىندا يېڭى دەۋردە ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە نىشانى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى، «يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدا قارار» چىقىرىلدى.

دۇ خۇاڭ

## يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مۇلازىمەت سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى

1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايوندا قۇرۇلغان ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەكتىپى 5، ئادەمى 507؛ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئورنى 10، ئادەمى 209؛ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى 7، ئادەمى 103؛ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى بىر، ئادەمى 5؛ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش پونكىتى 13، ئادەمى 199. قۇرۇلغان ناھىيە - شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى 81، ئادەمى 691؛ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى 72، ئادەمى 550 (بۇنىڭ ئىچىدە پەن - تېخنىكا خادىمى 393)، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش پونكىتى 83، ئادەمى 740. ناھىيىدىن تۆۋەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت ئورنى 757، ئادەمى 8583 بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 383 ئادەم كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە رايونلۇق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتى بىر، ئادەمى 108؛ يېزا - بازارلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتى 751، ئادەمى 8462 (بۇنىڭ ئىچىدە يېزا - بازارلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش پونكىتى 45، ئادەمى 316) بولۇپ، 405 ئادەم كۆپەيدى؛ كەنت يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مۇلازىمىتى ئەترىتى 5، ئادەمى 13. ناھىيىدىن تۆۋەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىشلەپچىقىرىش مۇلازىمىتى ئورنى 4261، ئادەمى 9918 بولۇپ، ئورۇندىن 10 ى كۆپەيدى، ئادەمدىن 2263ى ئازايدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا - بازارلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پونكىتى 6، ئادەمى 12؛ كەنت يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئەترىتى 1254، ئادەمى 2324، كەنت ئائىلىلەر گورۇپپىسىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى گورۇپپىسى 710، ئادەمى 956؛ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپى مۇلازىمەت گورۇپپىسى 1770، ئادەمى 5712. ناھىيىدىن تۆۋەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئاسراش - رېمونت قىلىش نۇقتىسى 2071، ئادەمى 4296، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - دەرىجىلىك نۇقتا 47، ئادەمى 155؛ 2 - دەرىجىلىك نۇقتا 127، ئادەمى 442؛ 3 - دەرىجىلىك نۇقتا 1897، ئادەمى 3699. يېزا - كەنتلەردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خادىمى 342 مىڭ 545، يېزا ئىگىلىك ماشىنىسى بار ئائىلە 266 مىڭ 205، ئادەمى 296 مىڭ 963، بۇنىڭ ئىچىدە تراكتور شوپۇرى 256 مىڭ 223، تېخنىك 4908. شۇ يىلى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سېتىۋېلىشقا ئىشلىتىلگەن مەبلەغ 307 مىليون 571 مىڭ 700 يۈەن.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون سوغۇق ئېقىم، بوران ئاپىتى، ھاشارات ئاپىتى، كەلكۈن قاتارلىق ئېغىر تەبىئىي ئاپەتلەرگە ئۇچرىدى. ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سىستېمىسى ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، 1 مىليون 630 مىڭ كىلوۋات يېزا ئىگىلىك ماشىنىسى قۇۋۋىتىنى، 191 مىڭ يۈرۈش يېزا

ئىگىلىك ماشىنىسىنى، 140 مىڭ ئادەم (قېتىم) يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خادىمىنى ئىشقا سېلىپ، ئاپەت سوممىسىنى 230 مىليون يۈەن ئازايتتى. 1999 - يىلى قابا، بۇرچىن، شىخو قاتارلىق 20 ناھىيە (شەھەر) ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئېتىز - ئېرىق مەشغۇلات سۈپىتى يىللىق پائالىيىتىدىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. تارباغاتاي ۋىلايىتى، ئىلى ۋىلايىتى، سانجى ئوبلاستى ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى نىشانلىق باشقۇرۇش پائالىيىتىدە ئالدىنقى 3 ئورۇننى ئىگىلىدى.

جياڭ شىجۈن

## يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باھالاش

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باھالاش پونكىتى ئاپتونوم رايون بويىچە تراكتور زەنجىر تاپىنىنىڭ چۈلۈكى، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ساقلىق قازاننى بازارلارنى نازارەت قىلىش ئارقىلىق ئارىلاپ تەكشۈردى. بۇ 2 خىل مەھسۇلاتنىڭ 128 تۈركۈم (قېتىم) ئارىلاپ تەكشۈرۈلگىنى 646 بولۇپ، ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەن تۈركۈم (قېتىم) نىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 42.2% بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە زەنجىر تاپان چۈلۈكىنىڭ سۈپىتى كۆرۈنەرلىك ئۆسكەن، ئەمما ساقلىق قازاندا سۈپەت مەسىلىسى بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، تۈركۈم (قېتىم) نىڭ لاياقەتسىز بولۇش نىسبىتى 46.7% بولغان. ئاپتونوم رايون بويىچە يەرلىك ۋە بىڭتۇەندىكى 31 كارخانا ئىشلەپچىقارغان سۇلياۋ يوپۇق يېيىپ تېرىش ماشىنىسىنىڭ مەھسۇلات سۈپىتى بىر تۇتاش نازارەت قىلىنىپ تەكشۈرۈلدى، 33 تۈركۈم (قېتىم)، 33 ماشىنا ئەۋرىشكىسى ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەندە، تۈركۈم (قېتىم) نىڭ لاياقەتسىز بولۇش نىسبىتى 12.1% بولدى، دۆلەت كارخانىلىرى مەھسۇلاتىنىڭ سۈپىتى بىر قەدەر ياخشى چىقتى.

1999 - يىل 9 يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسىنىڭ تەجرىبىسى باھالاندى ۋە كېڭەيتىلدى. ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتلىرى ئوت - چۆپ توغراش - ئۇۋۇتۇش ماشىنىسى، سۇيۇقلۇق بېسىملىق ئايلانما سوقا، ئورۇق يۇيۇپ تازىلاش ماشىنىسى، شاخ - شۇمبىنى توغراپ ئوغۇت قىلىش ماشىنىسى، دورا پۈركۈگۈچ، سۇلياۋ يوپۇق يېيىپ تېرىش ماشىنىسى، كولتىۋاتسىيە قىلىپ ئوغۇتلاش ماشىنىسى، 24 قۇرلۇق بۇغداي سېيالكىسى، چېگىت تۈۋىتىنى ئايرىش ئۈسكۈنىسى بولۇپ، تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى كېڭەيتىش ئىجازەتنامىسى بەردى.

1999 - يىلى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سۈپىتى

ھەققىدىكى ئەرز - شىكايەتلەرنى نازارەت قىلىش پونكىتى 5 پارچە ئەرز - شىكايەتنى مۇۋەپپەقىيەتلىك مۇرەسسە قىلدى، بۇ ئەرز - شىكايەتلەرنىڭ چېتىلىش سوممىسى 500 مىڭ يۈەندىن ئاشىدۇ.

باۋ ۋېي

## يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشى

يېزا ئىگىلىكىدە تەننەرخنى تېجەپ، ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش قۇرۇلۇشى تېخنىكىسى بۇ، ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى ئۈستىگە ئالغان يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش بويىچە نۇقتىلىق تېخنىكا ئومۇملاشتۇرۇش تۈرى.

1. خىمىيىۋى ئوغۇتنى چوڭقۇر بېرىش. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە خىمىيىۋى ئوغۇت چوڭقۇر بېرىلگەن كۆلەم 1 مىليون 500 مىڭ 300 گېكتارغا يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 159 مىڭ گېكتار كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە كۆممىقوناق 166 مىڭ 300 گېكتار، بۇغداي 502 مىڭ گېكتار، كېۋەز 718 مىڭ گېكتار، باشقا زىرائەت 114 مىڭ گېكتار. جايلار تۈرلۈك ئاغدۇرۇپ ئوغۇتلاش، كولتىۋاتسىيە قىلىپ ئوغۇتلاش قاتارلىق چوڭقۇر ئوغۇتلاش ماشىنا - سايمىنىدىن 48 مىڭنى ئىشقا سالدى. خىمىيىۋى ئوغۇتنى چوڭقۇر بېرىش ئارقىلىق، خىمىيىۋى ئوغۇتنىڭ پايدىلىنىلىش نىسبىتى 10% — 15% يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ھەر گېكتار يەردىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 75 كىلوگرام ساپ پاختا، 450 كىلوگرام كۆممىقوناق، 300 كىلوگرام بۇغداي ھوسۇلى ئارتۇق ئېلىندى، يېڭىدىن كۆپەيگەن ساپ پاختا 53 مىڭ 800 توننا، كۆممىقوناق 75 مىڭ توننا، بۇغداي 150 مىڭ 700 توننا، يېڭىدىن كۆپەيگەن مەھسۇلات قىممىتى 600 مىليون يۈەنگە يەتتى.

2. تۈجۈپىلەپ تېرىش. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تۈجۈپىلەپ تېرىلغان كۆلەم 829 مىڭ 800 گېكتارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي 110 مىڭ گېكتار، كۆممىقوناق 157 مىڭ گېكتار، كېۋەز 530 مىڭ گېكتار، باشقا زىرائەت 32 مىڭ 800 گېكتار. بۇغداينى يېرىم تۈجۈپىلەپ تېرىش سېيالكىسى، كېۋەزنى سۇلياۋ يوپۇق يېيىپ تېرىش ماشىنىسى، كۆممىقوناقنى سۇلياۋ يوپۇق يېيىپ ئۇۋۇلاپ تېرىش ماشىنىسى قاتارلىق ماشىنا - سايماندىن 32 مىڭى ئىشقا سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن ھەرخىل ماشىنا - سايمان 4000 دىن ئاشىدۇ. بۇ تېخنىكىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر گېكتار يەردە 37 كىلوگرام چىگىت، 30 كىلوگرام كۆممىقوناق ئۇرۇقى، 120 كىلوگرام بۇغداي ئۇرۇقى تېجەپ قېلىندى، ئاشلىق

تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق سۇ تېجەلگەن كۆلەم 27 مىڭ گېكتار، سۇنىڭ تۇپراقنى ئېقىتىپ كېتىشىدىن مۇداپىئە كۆرۈلگەن يەر 300 كۋادرات كىلومېتىر. ئادەم ۋە چارۋىلارنىڭ سۇ ئىچىش قۇرۇلۇشىغا 103 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 546 مىڭ 600 ئادەم ۋە 2 مىليون 86 مىڭ 800 تۇياق چارۋىنىڭ سۇ ئىچىشى قىيىن بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى. يەرلىك سۇ ئېلېكتر قۇرۇلۇشى ۋە يېزا - كەنتلىرى ئېلېكترلەشتۈرۈلىدىغان ناھىيە قۇرۇلۇشىغا 287 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، ئېلېكترلەشتۈرۈلىدىغان كۆپ قىسىم ناھىيەلەرنىڭ غوللۇق قۇرۇلۇشى تاماملاندى.

شالڭ ۋېن

## سۇچىلىق تۈرلىرىنىڭ ئالدىنقى قارارلىق ئومۇمىي پىلانى

1999 - يىلى چاپچىغاي سۇچىلىق تۈگۈنلۈك قۇرۇلۇشىنىڭ تۈرلەر تەكلىپنامىسى، ھاۋزىسىنى پىلانلاش ۋە سۇغىرىش رايونىنى پىلانلاش قاتارلىق ئاساسلىق دوكلاتلار پۈتتى. شىنىر سۇ ئامبىرى، زەرەپشان دەرياسىدىكى كاچۇڭ 3 - دەرىجىلىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قاتارلىق 62 تۈر كۆزدىن كەچۈرۈلدى. غەربىي شىمال سۇ بايلىقىدىن پايدىلىنىش ئىچىدىكى شىنجاڭ سۇ بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانى تۈزۈلۈپ بولدى، 7 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرگە قاراشلىق 27 ناھىيە (شەھەر) يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانىنى تۈزۈپ بولدى، ئاپتونوم رايونىنىڭ سۇ، تۇپراقنى ساقلاش ئومۇمىي پىلانىنى تۈزۈش تاماملاندى، ئىلى دەرياسى قاتارلىق 4 دەريا ھاۋزىسىنىڭ ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئومۇمىي پىلانى سۇچىلىق مىنىستىرلىكىگە يوللاندى. كانادا ھۆكۈمىتى ياردەم بەرگەن تۈر «21 - ئەسىردە تارىم تۈزلەڭلىكىنىڭ سۇ بايلىقىنى داۋاملىق ئېچىش ۋە ساقلاش» تېمىسىنىڭ يىللىق پىلانى ئورۇندالدى، شىنجاڭ سۇچىلىق تەرەققىياتىنىڭ 10 - بەش يىللىق پىلانى ۋە 2015 - يىلغىچە بولغان ئۇزاق كەلگۈسى ئومۇمىي پىلانىنى تۈزۈش خىزمىتى باشلاندى.

دۆلەتنىڭ چىرا سۇغىرىش رايونى قاتارلىق 8 چوڭ سۇغىرىش رايونىنى ئۆزگەرتىش تۈرى توغرىسىدا تۈر تۇرغۇزۇشى قولغا كەلتۈرۈلدى. خەتەرلىك سۇ ئامبارلىرىنى مەخسۇس تۈر بويىچە پىلانلاش ۋە خەتەرلىك 13 سۇ ئامبىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈش، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش خىزمىتى تاماملاندى. «1 - ئاۋغۇست» سۇ ئامبىرى قاتارلىق 5 سۇ ئامبىرىنىڭ خەتىرىنى تۈگىتىپ مۇستەھكەملەش تۈرى دۆلەت تەرىپىدىن تۈر قىلىپ تۇرغۇزۇلدى ھەمدە قۇرۇلۇشى باشلاندى.

شالڭ ۋېن

## سۇ ئىنشائاتلىرىنىڭ باشقۇرۇلۇشى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى سۇچىلىق تارماقلىرى پىلان باشقۇرۇش، مەبلەغ باشقۇرۇش، سۈپەت باشقۇرۇش، قۇرۇلۇش باشقۇرۇش، بازار قۇرۇشنى باشقۇرۇش قاتارلىقلارغا ئالاقىدار جەھەتلەرنىڭ تۈزۈملەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى ۋە قېلىپلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى، بولۇپمۇ قۇرۇلۇش سۈپىتىنى باشقۇرۇشنى نۇقتا قىلغان ھالدا قۇرۇلۇش لايىھىسى، قۇرۇلۇش سۈپىتىنى باھالاش ۋە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش قاتارلىقلارنىڭ تېخنىكا ئۆلچىمىنى تۈزۈپ چىقىپ، سۇچىلىق قۇرۇلۇشى ۋە قۇرۇلۇش سۈپىتىنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش سالمىقىنى زورايتتى، سۇ بايلىقىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتتى. 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، تەكشۈرۈلگەن سۇ ئېلىش ئىجازەتنامىسى 21 مىڭ 14 يۈرۈشكە، تەستىقلانغان سۇ مىقدارى 27 مىليارد 400 مىليون كۇب مېتىرغا يەتتى؛ ش ئۇ ئا ر سۇ تېجەش ئىشخانىسى قۇرۇلدى، 24 ناھىيە (شەھەر) لىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ سۇ تېجەش ئىشخانىلىرى سۇچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، باشقۇرۇش مۇناسىۋىتى يەنىمۇ راۋانلاشتۇرۇلدى؛ بىر يىلدا سۇ ئىشلىرى جەھەتتە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 157 سى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، سۇچىلىق ماجىراسىدىن 25 ى كېلىشتۈرۈلدى.

شالڭ ۋېن

## كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش ئەھۋالى

1999 - يىلى ياز، كۈز پەسىللىرىدە ئاپتونوم رايوندا كەڭ دائىرىلىك كەلكۈن كەلدى، ئاساسلىق دەريالاردىن 36 سىنىڭ سۈيى خەتەرلىك ئېقىم مىقدارىدىن ئېشىپ كەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 26 دەريانىڭ تاشقىن پەللىسىنىڭ ئېقىم مىقدارى تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىگە يەتتى. 9 دەرياغا 100 يىلدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان ئالاھىدە زور كەلكۈن كەلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 12 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنىڭ 73 ناھىيىسى (شەھىرى) دە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە كەلكۈن ئاپىتى بولدى، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئادەم 1 مىليون 420 مىڭغا، يەر 90 مىڭ گېكتارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپەت شەكىللەنگەن كۆلەم 65 مىڭ گېكتار، كەلكۈن پەيدا قىلغان بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 2 مىليارد 942 مىليون يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە سۇچىلىقتىكى زىيان 1 مىليارد 37 مىليون يۈەن. 6 ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ 27 ناھىيىسى (شەھىرى)

تۇتقاش بولمىغان دەرىجىدىكى قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە ئۇچرىدى، قۇرغاقچىلىقتا ئۇچرىغان زىرائەت كۆلىمى 251 مىڭ گېكتارغا، ئوتلاق كۆلىمى 1 مىليون 127 مىڭ گېكتارغا، قۇرغاقچىلىق ئاپىتىنىڭ بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيىنى 407 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سۇچىلىق تارماقلىرى ۋەزىپە ۋە مەسئۇلىيىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ، نۇقتىلىق شەھەر، سۇچىلىق قۇرۇلۇشى ۋە ئاساسلىق قاتناش غول لىنىيىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى، خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈپ ئاپەتنى ئازايتىشتىن 5 مىليارد يۈەن، قۇرغاقچىلىقتا تاقابىل تۇرۇپ ئاپەتنى ئازايتىشتىن 480 مىليون يۈەن ئۈنۈم ھاسىل قىلىنىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقىدىن ئۇدا مول ھوسۇل ئېلىشقا، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا تۆھپە قوشۇلدى.

شاڭ ۋېن

## سۇچىلىق ئىسلاھاتى

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى سۇ باھاسىنى تەڭشەش سىياسىتىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان سۇنىڭ باھا تەننەرخىنىڭ ئەمەلىيلىشىش نىسبىتىنى 70% تىن ئاشۇردى، بىراق 1998 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ئىگىلىكى ئاسيا پۇل مۇئامىلە كرىزىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، پاختا ۋە باشقا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى چۈشۈپ كەتتى، ئاپتونوم رايون بۇ ئەمەلىي ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، سۇ باھاسىنى تەڭشەشنى ۋاقتىنچە توختاتتى.

1999 - يىلى ئەمەلىي يىغىلغان سۇ پۇلى 439 مىليون يۈەن بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 74 مىليون يۈەن ئازىيىپ كەتتى. سۇ پۇلىنىڭ يىغىلىش نىسبىتى 67%، سۇ باھاسىنىڭ ئەمەلىيلىشىش نىسبىتى 68% بولدى. سۇغىرىشنى باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن، سۇ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى ئىلگىرى سۈرۈلدى؛ سۇچىلىقتا مەبلەغ سېلىش تۈزۈلمىسى، ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى. سانجى، تارباغاتاي، بورتالا قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلار ئوتتۇرا، كىچىك سۇچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشنى پائال يولغا قويۇپ، 200 نەچچە ماشىنىلاشقان قۇدۇق، ئېرىق - ئۆستەڭنى كىم ئارتۇق قىلىپ ساتتى، ئىجارىگە بەردى. ھېسابلانغان جانلىق تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ قىممىتى 6 مىليون يۈەندىن ئاشتى. پاي تۈزۈمى ئارقىلىق مەبلەغ جۇغلاپ يېڭىدىن 2 سۇ ئامبىرى قۇرۇش ئۈچۈن، ئاممىدىن 22 مىليون 300 مىڭ يۈەن پاي يىغىلدى.

دۆلەت مۈلكىنىڭ قىممىتىنى ساقلاپ ۋە كۆپەيتىپ، سۇچىلىق كارخانىلىرىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق شىنجاڭ «چاڭيۈەن» سۇچىلىق - سۇ ئېلېكتر سانائىتى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى تەشكىل قىلىندى. ئۇ، ئاپتونوم رايوندىكى سۇچىلىق - سۇ ئېلېكتر ئىشلىرى بويىچە دۆلەت مۈلكىگە مەبلەغ سېلىش سۇبيېكتى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون مەبلەغ سېلىپ قۇرغان سۇچىلىق - سۇ ئېلېكتر جەھەتتىكى دۆلەت مۈلكىنى ۋە ۋىلايەت، ئوبلاستلار باشقۇرىدىغان قىسمەن دۆلەت ئىلكىدىكى سۇچىلىق - سۇ ئېلېكتر مۈلكىنى ئاساسلىق باشقۇرۇش ھوقۇقى بېرىلدى.

شاڭ ۋېن

# يېزا - بازار كارخانىلىرى

## يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا - بازار كارخانىسى 297 مىڭ 100 گە (بىڭتۇەننىڭ بۇنىڭ سىرتىدا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 10.44% ئاشتى؛ كەسپكارى 749 مىڭ 200 گە يېتىپ، 5.15% ئاشتى. ئۇلارنىڭ تىجارەت كىرىمى 27 مىليارد 420 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 11.6%؛ مەھسۇلات قىممىتى 27 مىليارد 368 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 11.37% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 12 مىليارد 369 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 11.24% ئاشتى؛ قوشۇلما قىممەت 6 مىليارد 798 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 12.69%، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت قوشۇلما قىممىتى 3 مىليارد 82 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 18.73% ئاشتى؛ ئەمەلىي تاپشۇرۇلغان باج 935 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 13.51%؛ باجدىن كېيىنكى پايدا 1 مىليارد 649 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 5.3% ئاشتى. تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ ئەسلى قىممىتى 11 مىليارد 244 مىليون يۈەن بولۇپ، 21.65% كۆپەيدى. ئاپتونوم رايوندىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتى تەرەققىيات سۈرئىتى بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمدىكى ئەسلىگە كېلىش خاراكتېرلىك ئۆسۈشنى ئىشقا ئاشۇردى.

جاڭ گوخۇا، جاڭ جيەنشو

## يېزا - بازار كارخانىلىرى ئىسلاھاتى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ جاي - جايلىرىدا مول

ھاياتىي كۈچكە ئىگە كارخانا تىجارەت مېخانىزمى نىشان، «ئۆچكە پايدىلىق بولۇش» ئۆلچەم، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكنىڭ كۆپ خىل ئىشقا ئېشىش شەكلى ئۈستىدە ئىزدىنىش مۇھىم نۇقتا، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش مەركەز قىلىنىپ، يېزا - بازار كارخانىلىرى ئىسلاھاتى پائال ۋە سالماق ئېلىپ بېرىلدى. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە، يېزا ۋە كەنتتىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك كوللېكتىپ كارخانىنىڭ 1952 سىدە تۈرلۈك شەكىلدىكى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلدى، بۇ، كوللېكتىپ كارخانىلارنىڭ %92.41نى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە پاي تۈزۈمىدىكىسى 93، پاي ھەمكارلىق تۈزۈمىدىكىسى 111، ئىگىلىك باشقۇرۇشى ئىجارىگە بېرىلگىنى 306، قوشۇۋېتىلگىنى 20، سېتىلغىنى 287، ۋەيران بولغىنى 64، بىرلەشمە كارخانا 20، ھۆددىگە ئېلىنغىنى ۋە باشقا شەكىلدىكىسى 951. تۈرلۈك كارخانا گۇرۇھى بولۇپ قۇرۇلغىنى 13. بۇنىڭدىن باشقا، يەككە ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ ئىسلاھاتىدىمۇ يېڭى ئىلگىرىلەشلەر بولدى، پاي تۈزۈمىدىكى، پاي ھەمكارلىقى تۈزۈمىدىكى كارخانىدىن 65ى قۇرۇلدى.

جاڭ گوخۇا، جاڭ جيەنسو

## يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىش قۇرۇلمىسىنىڭ كۆپ مەنبەلىشىشى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى يېزا - بازار كارخانىلىرى سىستېمىسى دۆلەت پۇل مۇئامىلە تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنىڭ ۋەزىيىتىگە تىرىشىپ ماسلىشىپ، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، مەبلەغ بىرىكتۈرۈش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، مەبلەغنى ئۆزلىرى جۇغلاش ۋە كىرگۈزۈش سالمىقىنى زورايتقانلىقتىن، ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى 1998 - يىلدىكىدىن ياخشى بولدى. 1999 - يىلى يېزا - بازار كارخانىلىرى يېڭىدىن قۇرغان، كېڭەيتىپ قۇرغان، تېخنىكىسىنى ئۆزگەرتكەن تۈر 634 بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 327 سى كۆپەيدى. تۈرلەرگە سېلىنغان مەبلەغ 904 مىليون يۈەن بولۇپ، %31، بۇنىڭ ئىچىدە تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 717 مىليون يۈەن بولۇپ، %42.8 ئاشتى. تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ ئىچىدە، ئۆزلىرى جۇغلىغان مەبلەغ 400 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئەمەلىيلەشكەن مەبلەغنىڭ %55.8نى، كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 208 مىليون يۈەن بولۇپ، %29نى ئىگىلىدى، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىش قۇرۇلمىسى كۆپ مەنبەلىشىشكە يۈزلەندى.

جاڭ گوخۇا، جاڭ جيەنسو

## يېزا - بازار كارخانىلىرى بويىچە ئۆلگە رايون قۇرۇلۇشى

1999 - يىل 12 - ئايدا ش ئۇ ئا ر يېزا - بازار كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى يېزا - بازار كارخانىلىرى بويىچە 2 - تۈركۈمدىكى ئۆلگە رايونلار ئىسمىلىكىنى ئېلان قىلدى، نام بېرىلگەن 8 ئۆلگە رايون مۇنۇلار: قورغاس ناھىيىسى چىڭشۇيخوزا بازىرىدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرى سانائەت -سودا كىچىك رايونى، شىخو شەھىرى خاتۇبۇغ بازىرىدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرى سانائەت - سودا كىچىك رايونى، مارالبېشى ناھىيە سېرىقبۇيا بازىرىدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرى سانائەت - سودا كىچىك رايونى، قەشقەر شەھىرى شامالباغ يېزىسىدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرى سانائەت - سودا كىچىك رايونى، خوتەن شەھىرى باغچى بازىرىدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرى سانائەت - سودا كىچىك رايونى، خېجىڭ ناھىيە بارۇن خارمۇدۇن يېزىسىدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرى سانائەت - سودا كىچىك رايونى، غۇلجا شەھىرى باياندا بازىرىدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرى سانائەت - سودا كىچىك رايونى.

1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايوننىڭ جاي - جايلىرىدا تۈرلۈك يېزا - بازار كارخانىلىرى سانائەت - سودا كىچىك رايونىدىن 54ى قۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت يېزا - بازار كارخانىلىرى رايونى 2، دۆلەت دەرىجىلىك يېزا - بازار كارخانىلىرى شەرق - غەرب ھەمكارلىقى ئۆلگە رايونى 6، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك يېزا - بازار كارخانىلىرى ئۆلگە رايونى 10؛ 1999 - يىلى 18 ئۆلگە رايوننىڭ تىجارەت كىرىمى 4 مىليارد 460 مىليون يۈەنگە، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 741 مىليون يۈەنگە، پايدا - باج سوممىسى 395 مىليون يۈەنگە يەتتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۆلگە رايونلار كىچىك رايون ئىچىدىكى ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشلىرىغا ئاز كەم 900 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى، ئۆلگە رايونلارغا سودىگەر چاقىرىپ، مەبلەغ جەلپ قىلىشنىڭ ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى ئارقا - ئارقىدىن ئوتتۇرىغا قويدى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى، ئۆزلىرىنىڭ يېتەكچى ساناەتلىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە بارلىققا كەلتۈرۈپ، بىر تۈركۈم نۇقتىلىق تايانچ كارخانىلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ باشلامچى مەھسۇلاتىغا ئىگە بولدى. ئۆلگە رايونلارنىڭ قۇرۇلۇشى يەرلىك ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپلا قالماستىن، يېزىلارنى بازارلاشتۇرۇش تەرەققىياتىنىمۇ تېزلەتتى.

جاڭ گوخۇا، جاڭ جيەنسو

## يېزا - بازار كارخانىلىرى تىجارەت كىرىمىدە ئالدىنقى 10 ئورۇننى ئىگىلىگەن ناھىيە، يېزا، كەنت، كارخانىلار

ناھىيە (شەھەر) لەر: ئۈرۈمچى ناھىيىسى (3 مىليارد 356 مىليون 10 مىڭ يۈەن)، سىچۈەن شەھىرى (2 مىليارد 601 مىليون 230 مىڭ يۈەن)، سانجى شەھىرى (1 مىليارد 96 مىليون 390 مىڭ يۈەن)، قۇتۇبى ناھىيىسى (1 مىليارد 54 مىليون 460 مىڭ يۈەن)، ماناس ناھىيىسى (1 مىليارد 41 مىليون 660 مىڭ يۈەن)، غۇلجا شەھىرى (1 مىليارد 11 مىليون 60 مىڭ يۈەن)، لوپنۇر ناھىيىسى (941 مىليون 280 مىڭ يۈەن)، ساۋەن ناھىيىسى (867 مىليون يۈەن)، قورغاس ناھىيىسى (842 مىليون 700 مىڭ يۈەن)، كورلا شەھىرى (787 مىليون 920 مىڭ يۈەن).

يېزا (بازار) لار: سىچۈەن شەھىرى گۈمۇدى بازىرى (1 مىليارد 199 مىليون 810 مىڭ يۈەن)، ئۈرۈمچى ناھىيە ئەرگۈلەڭ يېزىسى (1 مىليارد 142 مىليون 800 مىڭ يۈەن)، ئۈرۈمچى ناھىيە چىداۋان يېزىسى (997 مىليون 580 مىڭ يۈەن)، ئۈرۈمچى ناھىيە داۋان يېزىسى (674 مىليون 560 مىڭ يۈەن)، قورغاس ناھىيە چىڭشىخۇزا بازىرى (451 مىليون 60 مىڭ يۈەن)، غۇلجا شەھىرى قارادۆڭ يېزىسى (420 مىليون 30 مىڭ يۈەن)، سىچۈەن شەھىرى باڭماۋگۇڭ بازىرى (410 مىليون 50 مىڭ يۈەن)، سىچۈەن شەھىرى سەنداۋبا بازىرى (370 مىليون 190 مىڭ يۈەن)، سىچۈەن شەھىرى چاڭشەنزى بازىرى (370 مىليون 30 مىڭ يۈەن)، فۇكاڭ شەھىرى چېڭگۈەن بازىرى (250 مىليون 10 مىڭ يۈەن).

كەنتلەر: ئۈرۈمچى شەھىرى ئەرگۈلەڭ يېزىسى باجياخۇ كەنتى (570 مىليون 440 مىڭ يۈەن)، ئۈرۈمچى ناھىيە داۋان يېزا ساڭفاڭگو كەنتى (303 مىليون 50 مىڭ يۈەن)، ئۈرۈمچى ناھىيە ئەرگۈلەڭ يېزا ئەرگۈلەڭ كەنتى (235 مىليون 830 مىڭ يۈەن)، ئۈرۈمچى ناھىيە ئەرگۈلەڭ يېزا جيۇجياۋەن كەنتى (132 مىليون 760 مىڭ يۈەن)، ئۈرۈمچى ناھىيە چىداۋان يېزا ليۇداۋان كەنتى (129 مىليون 260 مىڭ يۈەن)، ئۈرۈمچى ناھىيە چىداۋان يېزا كازىۋەن كەنتى (114 مىليون 370 مىڭ يۈەن)، قورغاس ناھىيە چىڭشىخۇزا بازىرى شىشەن كەنتى (112 مىليون 650 مىڭ يۈەن)، ئۈرۈمچى ناھىيە چىداۋان يېزا ۋاڭ جياليالىڭ كەنتى (111 مىليون 650 مىڭ يۈەن)، ئۈرۈمچى ناھىيە داۋان يېزا باخۇلياڭ كەنتى (109 مىليون 80 مىڭ يۈەن)، ئۈرۈمچى ناھىيە چىداۋان يېزا چىداۋان كەنتى (99 مىليون 870 مىڭ يۈەن).

كارخانىلار: شىنجاڭ لوپنۇر توقۇمىچىلىق گۇرۇھى (519 مىليون 260 مىڭ يۈەن)، «تەڭرىتاغ» پاختا توقۇمىچىلىق گۇرۇھى (168 مىليون 120 مىڭ يۈەن)، بايىنغولىن ئوبلاستلىق شىكشىن بىناكارلىق گۇرۇھى (151 مىليون 800 مىڭ يۈەن)، لوپنۇر ئۆي - زېمىن تەرەققىيات شىركىتى (120 مىليون يۈەن)، ئۈرۈمچى ناھىيە باجياخۇ سوۋۇتۇپ توڭلىتىش ئىگىلىك چەكلىك شىركىتى (101 مىليون 930 مىڭ يۈەن)، كورلا شەھىرى بىناكارلىق ماتېرىياللىرى گۇرۇھى شىركىتى (96 مىليون 420 مىڭ يۈەن)، بايىنغولىن ئوبلاستلىق بىناكارلىق - قۇراشتۇرۇش باش شىركىتى (94 مىليون 630 مىڭ يۈەن)، لوپنۇر ناھىيە 2 - بىناكارلىق شىركىتى (75 مىليون 960 مىڭ يۈەن)، كورلا شەھىرى 1 - سېمونت زاۋۇتى (65 مىليون 980 مىڭ يۈەن)، بورتالا شەھىرى بورتالا پاختا توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى (65 مىليون 870 مىڭ يۈەن).

جاڭ گوخۇا، جاڭ يىڭلەن

## بىر تۈر جۇڭگو يېزا - بازار كارخانىلىرى پەن - تېخنىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشتى

يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى ئېلان قىلغان 1999 - يىللىق جۇڭگو يېزا - بازار كارخانىلىرى پەن - تېخنىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن 146 تۈر ئىچىدە، شىنجاڭ «تەڭرىتاغ بۇغىسى» سودا - سانائەت چەكلىك شىركىتى ئورۇندىغان «‹قار لەيلىسى› بۇغا مۈڭگۈزى قېنى ھارىقى ھۈنەر - سەنئىتى ئۈستىدە تەتقىقات» تۈرى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

جاڭ گوخۇا، جاڭ جيەنىو

## مۇنەۋۋەر يېزا - بازار كارخانىسى باشلىقلىرى (دىرېكتور، لېدىرلىرى) تەقدىرلەندى

1999 - يىل 2 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچى ناھىيە ساڭفاڭگو يېزا ئىگىلىك - سانائەت - سودا باش شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى جاڭ شىنيې قاتارلىق يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى نام بەرگەن 14 كىشىگە ئاپتونوم رايون بويىچە ئەلا ياخشى يېزا - بازار كارخانىسى باشلىقى (دىرېكتور، لېدىر) دەپ نام بەردى. ئۇلار ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ؛ ئۈرۈمچى «غەربىي بىرلەشمە» خىمىيە سانائىتى - بىناكارلىق ماتېرىياللىرى باش زاۋۇتىنىڭ باشلىقى گو يىجيەن قاتارلىق 84 كىشىگە ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر يېزا - بازار كارخانىسى باشلىقى (دىرېكتور، لېدىر) دەپ نام بەردى، ئۇلار ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر دەرىجىلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

جاڭ گوخۇا، جاڭ جيەنىو

# بېلىقچىلىق

## بېلىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە سۇ مەھسۇلاتى 56 مىڭ 38 توننىغا يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 2% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىكنىڭ 44 مىڭ 10 توننىغا يېتىپ، 0.8%، بىكتۇەننىڭ 12 مىڭ 28 توننىغا يېتىپ، 6.8% ئاشتى.

سۇ مەھسۇلاتى ئىچىدە باقمىچىلىقنىڭ 47 مىڭ 258 توننىغا يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 3.4% ئاشتى، دەريا - كۆللەردىن تۇتۇلغىنى 8780 توننا بولۇپ، 4.7% كېمەيدى.

باقمىچىلىق مەھسۇلاتى ئىچىدە كۆلچەك باقمىچىلىقنىڭ 34 مىڭ 896 توننىغا يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 4.8% ئاشتى؛ كۆل باقمىچىلىقنىڭ 421 توننا بولۇپ، 7.1% كېمەيدى؛ سۇ ئامبارلىرى باقمىچىلىقنىڭ 8793 توننىغا يېتىپ، 3% ئاشتى؛ كىچىك كۆلچەك باقمىچىلىقنىڭ 2180 توننا بولۇپ، 19.4% كېمەيدى. باشقا باقمىچىلىقنىڭ 968 توننىغا يېتىپ، 34.4% ئاشتى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە سۇ مەھسۇلاتلىرى بېقىلىدىغان سۇ كۆلىمى 71 مىڭ 744 گېكتارغا يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 600 گېكتار كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە كۆلچەك كۆلىمى 10 مىڭ 460 گېكتار بولۇپ، 82 گېكتار كېمەيدى؛ كۆل كۆلىمى 6433 گېكتار بولۇپ، 964 گېكتار كېمەيدى؛ سۇ ئامبىرى باقمىچىلىق كۆلىمى 48 مىڭ 188 گېكتارغا يېتىپ، 1716 گېكتار كۆپەيدى؛ كىچىك كۆلچەك كۆلىمى 5381 گېكتار بولۇپ، 479 گېكتار كېمەيدى؛ باشقا سۇ كۆلىمى 1282 گېكتارغا يېتىپ، 409 گېكتار كۆپەيدى. سۇ كۆلىمى ئىچىدە يەرلىكنىڭ 44 مىڭ 443 گېكتارغا يېتىپ، 53 گېكتار، بىكتۇەننىڭ 27 مىڭ 301 گېكتارغا يېتىپ، 556 گېكتار كۆپەيدى.

1999 - يىلى ھەربىر گېكتار سۇ يۈزىنىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتى 657 كىلوگرامغا يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 17 كىلوگرام ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ھەر گېكتار كۆلچەكتىن 3336 كىلوگرام مەھسۇلات ئېلىنىپ، 177 كىلوگرام؛ ھەر گېكتار كۆلدىن 65 كىلوگرام مەھسۇلات ئېلىنىپ، 4 كىلوگرام ئاشتى؛ ھەر گېكتار سۇ ئامبىرىدىن 182 كىلوگرام مەھسۇلات ئېلىنىپ، 2 كىلوگرام؛ ھەر گېكتار كىچىك كۆلچەكتىن 405 كىلوگرام مەھسۇلات ئېلىنىپ، 57 كىلوگرام كېمەيدى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە بېلىقچىلىق كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 231 مىليون 436 مىڭ 400 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 33 مىليون 743 مىڭ 100 يۈەن كۆپەيدى؛ ھازىرقى باھا بويىچە ھېسابلىغاندا، 326 مىليون 115 مىڭ 400 يۈەن بولۇپ، 23 مىليون 213 مىڭ 900 يۈەن كېمەيدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە سۇ مەھسۇلاتى كىشى بېشىغا 3.3 كىلوگرامدىن (نوپۇسنى 17 مىليون ھېسابلىغاندا) توغرا كەلدى. بېلىقچىلىق كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 0.8% نى ئىگىلىدى.

يەرلىكتە سۇ مەھسۇلاتىنىڭ مىقدارى 3500 توننىدىن ئاشقان ۋىلايەت، ئوبلاست 6 بولۇپ، ئۇلار مۇنۇلار: سانجى ئوبلاستىنىڭ 13 مىڭ 50 توننا، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ 8093 توننا، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ 4052 توننا، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 3911 توننا، بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ 3908 توننا، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ 3605 توننا. 1000 توننىدىن ئاشقان ناھىيە، شەھەرلەر 12 بولۇپ، ئۇلار مۇنۇلار: سانجى شەھىرىنىڭ 7010 توننا، غۇلجا ناھىيىسىنىڭ 3745 توننا، بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىنىڭ 3295 توننا، باغراش ناھىيىسىنىڭ 2870 توننا، قۇتۇبى ناھىيىسىنىڭ 2420 توننا، غۇلجا شەھىرىنىڭ 1951 توننا، ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ 1650 توننا، مىچۈەن شەھىرىنىڭ 1523 توننا، يەكەن ناھىيىسىنىڭ 1458 توننا، ماناس ناھىيىسىنىڭ 1400 توننا، قورغاس ناھىيىسىنىڭ 1054 توننا، ساۋەن ناھىيىسىنىڭ 1052 توننا.

ياڭ شياۋلېي

## ئاممىۋى بېلىقچىلىق

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاممىۋى بېلىقچىلىقنىڭ مەھسۇلاتى 32 مىڭ 272 توننىغا يېتىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە سۇ مەھسۇلاتلىرى مىقدارىنىڭ 57.6% نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە باقمىچىلىق مەھسۇلاتى 27 مىڭ 954 توننىغا يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 2154 توننا كۆپەيدى، دەريا - كۆللەردىن تۇتۇلغىنى 4318 توننا بولۇپ، 252 توننا كېمەيدى. ئاممىۋى بېلىقچىلىق كەسپىنىڭ باقمىچىلىق كۆلىمى 17 مىڭ 93 گېكتار بولۇپ، 3054 گېكتار كېمەيدى، باقمىچىلىقتا ھەر گېكتار سۇ يۈزىنىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتى 1888 كىلوگرام بولدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە 3158 بېلىقچى ئائىلە بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 585 ئائىلە كېمەيدى. بېلىق باقىدىغان ئەمگەك كۈچى 9234 بولۇپ، 358 ئادەم ئازايدى، بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي ئەمگەك كۈچى 6633 بولۇپ، 563 ئادەم كۆپەيدى، قوشۇمچە ئەمگەك كۈچى 2601 بولۇپ، 921 ئادەم

ئارايدى.

يالڭ شياۋلىي

## پەن - تېخنىكىنى كېڭەيتىش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى چۈشۈرگەن، قەشقەر ۋىلايەتلىك سۇ مەھسۇلاتلىرى تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش پونكىتى يولغا قويغان «قەشقەر ۋىلايىتىدە 1000 مو كۆلچەكتە بېلىق بېقىشنى ماشىنىلاشتۇرۇپ يۇقىرى مەھسۇلات ئېلىش سىنىقى» تۈرىدە 1999 - يىلى 84 گېكتار كۆلچەكنىڭ ئوتتۇرىچە مو بېشى مەھسۇلاتى 1160 كىلوگرامغا، ئەڭ يۇقىرى بىرلىك مەھسۇلاتى 1270 كىلوگرامغا يەتكۈزۈلۈپ، ھەر موسىدىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1732 يۈەندىن پايدا ئېلىندى. 3 يىلدا يېڭىدىن قوشۇلغان مەھسۇلات قىممىتى 21 مىليون 367 مىڭ يۈەنگە يېتىپ (ھەر كىلوگرامىنى 10 يۈەندىن ھېسابلىغاندا)، تېما پىلانى ۋەزىپىنامىسىدە چۈشۈرۈلگەن تۈرلۈك تېخنىكىلىق ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەر ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى. تېما گۇرۇپپىسى 3 يىللىق سىناق جەريانىدا 9 قارار تېخنىكا جەھەتتىن يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئېچىپ، بىر تۈركۈم تېخنىكا تايانچلىرىنى يېتىشتۈرۈپ، بېلىق بېقىشنى ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ كۆلچەكتە بېلىق بېقىشتىكى رولىنى جارى قىلدۇردى، 3 يىل جەريانىدا تۈرلۈك بېلىقچىلىق ماشىنىسىدىن 213 (يۈرۈش) ى سېتىۋېلىنىپ، شۇ رايوننىڭ ئالاھىدە ئەھۋالى ئاستىدا كۆلچەكتە بېلىق بېقىشنى ماشىنىلاشتۇرۇشقا ئۇيغۇن كېلىدىغان تېخنىكا لايىھەنى ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش تەدبىرلىرى شەكىللەندۈرۈلۈپ، بېلىق بېقىش دەۋرىيلىكى قىسقارتىلدى ۋە كۆپ خىل، كۆپ ستاندارت، كۆپ قاتلام بويىچە ئىلمىي ھالدا ئارىلاش بېلىق بېقىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەلا سۈپەتلىك بېلىقلار (ئوتخور بېلىق، كارىپ بېلىقى، تاپان بېلىق) نىڭ ئىگىلىگەن سالمىقى %80كە يەتتى. تۈرلەرنى ئۈلگە كۆرسىتىپ ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بېلىقچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى، بۇ تۈر ئاپتونوم رايوننىڭ ئالدىنقى سەۋىيىسىگە يەتتى.

سانجى ئوبلاستلىق سۇ مەھسۇلاتلىرى تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش پونكىتى يولغا قويغان «سۇ ئامبىرىدا يۇقىرى ھوسۇللۇق بېلىق بېقىش بويىچە ‹3133› قۇرۇلۇشى» تۈرى 1999 - يىلى تاماملاندى، بۇ تۈرنىڭ يولغا قويۇلۇشى نەتىجىسىدە ئوبلاست بويىچە سۇ ئامبارلىرىدا بېقىلغان بېلىق مەھسۇلاتى 3662 توننىغا يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %12 ئاشتى، سۇ ئامبارلىرىدا بېقىلغان بېلىق مەھسۇلاتى ئوبلاست بويىچە سۇ مەھسۇلاتىنىڭ %28.1نى ئىگىلىدى، بىر يىلدا يېڭىدىن كۆپەيگەن پايدا 2 مىليون 670 مىڭ يۈەنگە يەتتى، سۇ ئامبارلىرىنىڭ تەبىئىي بېلىق بېقىش شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخى تۆۋەنلىتىلدى.

قۇمۇل شەھىرىدىكى داڭدار، ئالاھىدە سۇ مەھسۇلاتلىرى باقمىچىلىقى سىناق مەيدانى سۇ مەھسۇلاتلىرىنىڭ داڭلىق، يېڭى سورتىدىن 8نى (يەنى راللى كۆلچەك راكى، ياپونىيە كۆلچەك راكى، جۇڭخۇا دەريا قىسقۇچپاقىسى، ئامېرىكا كالىفورنىيە ئالا بۇغا بېلىقى، ئەگلىك بېلىق، يۇتۇنلەي ئەركەك ئاۋۇن بېلىقى، ئامېرىكا پاقىسى، تومباش بېلىق) كىرگۈزدى، 5 ئاي سىناق قىلىش ئارقىلىق ياخشى ئۈنۈم قازىنىلدى. بولۇپمۇ راللى كۆلچەك راكىنىڭ ئوتتۇرىچە مو بېشى مەھسۇلاتى 72.3 كىلوگرامغا، مو بېشى پايدىسى 3155.04 يۈەنگە؛ ئامېرىكا كالىفورنىيە ئالا بۇغا بېلىقىنىڭ ئوتتۇرىچە مو بېشى مەھسۇلاتى 352.25 كىلوگرامغا، مو بېشى پايدىسى 2113.5 يۈەنگە يەتتى.

يالڭ شياۋلىي

# نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش

## ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش يىغىنى

بۇ يىغىن 1999 - يىل 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە خوتەندە ئېچىلدى. بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى مەركەزنىڭ نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىپ، ئىدىيىۋى تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خىزمەت سالمىقىنى زورايتىپ، نامراتلارنى يۆلەش جېڭىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك نىشانىنى ۋاقتىدا ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت بولدى.

يىغىندا ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ كىيىم يۇتۇن، قورساق توق بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئاپتونوم رايوننىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلە. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى پارتىيىنىڭ مۇددىئاسى يۈكسەكلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، نامراتلارنى

يۆلەش جېڭىنى ياخشى قىلىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى تونۇپ، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتىشى لازىم. خىزمەت سالمىقىنى زورايتىپ، تۈرلۈك تەدبىرلەرنى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جەمئىيەتتىكى بارلىق كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، بىرلىكتە ھەمكارلىشىپ، نامراتلارنى يۆلەش جېڭىنى ئورتاق ياخشى قىلىش لازىم.

ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت خىزمەت دوكلاتى بەردى. ئۇ ئاپتونوم رايوننىڭ 1994 - يىلدىن بۇيانقى نامراتلارنى يۆلەش جېڭى قىلىش پىلانىنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى ۋە ياخشى تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلىدى، بۇنىڭدىن كېيىنكى نامراتلارنى يۆلەش جېڭىنىڭ كونكرېت تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ئابدۇرېھىم ھامىت خۇلاسە سۆزى سۆزلىدى.

يىغىنغا ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ھۆكۈمەت ۋە بىڭتۇەننىڭ رەھبەرلىرى، ئاپتونوم رايون ۋە بىڭتۇەننىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى، 15 ۋىلايەت، ئوبلاست، 30 نامرات ناھىيىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ۋە تۆمۈريول مىنىستىرلىكى، جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز باش شىركىتى، شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ ئالاقىدار رەھبەرلىرى قاتناشتى.

ۋاڭ يۇڭپىڭ

## نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش خىزمىتى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 167 مىڭ نامرات يېزا ئاھالىسىنىڭ كىيىمى پۈتۈن، قورساق توق بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى، نامرات ئاھالە 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى 1 مىليون 760 مىڭدىن 361 مىڭغا ئازايدى. ستاتىستىكا تارماقلىرىنىڭ مەلۇماتىغا (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا) قارىغاندا، ئاپتونوم رايون بويىچە 30 نامرات ناھىيە (شەھەر) نىڭ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليارد 451 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %1.3 ئاشقان، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 650 مىليون يۈەن بولۇپ، %2.4 تۆۋەنلىگەن؛ ئورمانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 188 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %21.6؛ چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 590 مىليون يۈەنگە يېتىپ %8.5؛ بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 23 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %9 ئاشقان. 30 نامرات ناھىيە (شەھەر) نىڭ پاختا ھوسۇلى %17.5 چۈشۈپ كەتكەننى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاشلىق ھوسۇلى 2 مىليون 250 مىڭ تونىغا يېتىپ، %5، ياغلىق دان ھوسۇلى 51 مىڭ 600 تونىغا يېتىپ، %91.8، قولدا قالغان چارۋا 14 مىليون 10 مىڭ تۇياققا يېتىپ، %1.4، ئېلىنغان گۆش 217 مىڭ تونىغا يېتىپ، %17.3 ئاشقان. نامرات رايونلارنىڭ ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرىدا بىر قەدەر زور تەرەققىياتلار بولدى. كادىرلار ۋە ئامما جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش يولىغا ماڭدى، ئۇلارنىڭ روھىي قىياپىتىدە روشەن ئۆزگىرىشلەر بولدى.

7 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى خوتەندە ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش خىزمىتى يىغىنى ئاچتى. شۇجى ۋاڭ لېچۈەن مۇھىم سۆز قىلدى، رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت خىزمەت دوكلاتى بەردى. يىغىندا «ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ‹ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى قارارى› نى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكرى» مۇھاكىمە قىلىنىپ تۈزىتىلدى، ئۇنىڭدا بۇنىڭدىن كېيىنكى 2 يىلدا ۋە كېيىنكى ئەسىردە ئاپتونوم رايوننىڭ نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇشنىڭ يېتەكچى قائىدىسى ۋە سىياسەت، تەدبىرلىرى قەيت قىلىندى ۋە ئايدىڭلاشتۇرۇلدى.

ئاپتونوم رايوننىڭ 1999 - يىلدىكى نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش خىزمىتىدە، بىرىنچىدىن، رەھبەرلىك كۈچەيتىلدى. ئاپتونوم رايوندىن تارتىپ ۋىلايەت (ئوبلاست)، ناھىيە (شەھەر) لەرگىچە، ھەتتا يېزا، كەنتلەرگىچە پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش جېڭى بويىچە مەسئۇلىيەت تۈزۈمى دەرىجىمۇ دەرىجە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش خىزمىتىنىڭ تەشكىلىي رەھبەرلىكى كۈچەيتىلدى. ئاپتونوم رايوندا تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىشنى ماسلاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، بۇ گۇرۇپپا كۆپ قېتىم يىغىن ئېچىپ «تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ ئىقتىسادىي - ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىش خاتىرىسى» نى شەكىللەندۇرۇپ، نامراتلارنى يۆلەشكە ئالاقىدار سىياسەت، تەدبىرلەرنى بەلگىلىدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 3 ۋىلايەت (ئوبلاست)، 30 نامرات ناھىيە (شەھەر) ۋە بارلىق نامرات يېزا - بازارلارنىڭ ھەممىسىدە بىر نەپەر رەھبەرنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدىغانلىقى، بىر تۈركۈم ئوتتۇرا ياش، ياش تاپانچىلار نامرات ناھىيە، يېزا، كەنتلەردە ۋەزىپە ئۆتەشكە تاللاپ ئەۋەتىلىپ، نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى مەركەزلىك چىڭ تۇتۇلىدىغانلىقى يەنىمۇ

ئاھەڭلاشتۇرۇلدى.

ئىككىنچىدىن، خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈلدى. ش ئۇ ئا ر نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى، مالىيە نازارىتى، پىلان كومىتېتى، يېزا ئىگىلىك بانكىسى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلار تەدبىر قوللىنىپ، زىچ ماسلىشىپ، تۈرلەرنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ۋە مەبلەغ ئاجرىتىشنى تېزلىتىپ، نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، مەبلەغ سېلىنىش يۆزلىنىشىنى چىڭ ئىگىلىدى. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون 30 نامرات ناھىيە (شەھەر)، 19 ئارىلاشما يېزا، 20 نامرات يېزىغا نامراتلارنى يۆلەش تۈرىدىن 1380 نى ئورۇنلاشتۇرۇپ، %90تىن ئارتۇق نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنى مەركەزلىك ھالدا ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاشقا، ئاساسىي ئېتىز - ئېرىق قۇرۇلۇشىغا، ئاساسىي كەسىپكە ئىشلىتىپ، يېرىك يېزا ئىگىلىكىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇشتىكى مۇھىم ئورنىنى يەنىمۇ تىكلىدى. مەلۇماتقا قارىغاندا، ئاپتونوم رايون بويىچە 30 نامرات ناھىيە (شەھەر) دە 1999 - يىلى يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن ئاساسىي ئېتىز - ئېرىق كۆلىمى 21 مىڭ گېكتارغا، ئىقتىسادىي ئورمان كۆلىمى 13 مىڭ گېكتارغا، تاشيول مۇساپىسى 908 كىلومېتىرغا، توك يەتكۈزۈش - بېسىم ئۆزگەرتىش لىنىيىسى 1199.5 كىلومېتىرغا، قېزىلغان ماشىنىلاشقان قۇدۇق 1368 گە، ياسالغان سۇ سىڭمەس ئول، تارماق ئۆستەڭ، ئوق ئېرىق، سۇغىرىش ئېرىقى 2091 كىلومېتىرغا يەتكەن؛ 198 مىڭ ئادەمنىڭ سۇ ئىچىش مەسىلىسى ھەل قىلىنىپ، 41 مىڭ ئادەمنى باشقا جايغا كۆچۈرۈش ۋەزىپىسى ئورۇندالغان. مالىيەدىن ئاجرىتىلغان نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنىڭ %85ى، ئىش تېپىپ بېرىش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنىڭ %83ى، نامراتلارنى يۆلەش كرېدىت مەبلىغىنىڭ %75ى مەركەزلىك ھالدا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 3 ۋىلايەت (ئوبلاست) نىڭ 19 نامرات ناھىيىسى (شەھىرى) گە بېرىلدى.

ئۈچىنچىدىن، نامرات رايونلارنىڭ يېزا ئىگىلىك كەسىپ قۇرۇلمىسى تەڭشەلدى ۋە سەرخىللاشتۇرۇلدى. 1999 - يىلى 30 نامرات ناھىيە (شەھەر) دىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا 619.8 كىلوگرامدىن ئاشلىق توغرا كەلدى. ئاشلىق كۆلىمىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، يېزا ئىگىلىك كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋە سەرخىللاشتۇرۇش نامراتلارنى يۆلەش، سەرخىللاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىپ تۇتۇلۇپ، نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش بىلەن يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى ئىستراتېگىيىلىك تەڭشەش، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىش بىرلەشتۈرۈلدى. 30 نامرات ناھىيە (شەھەر) نىڭ 1999 - يىلدىكى ئورمانچىلىق - باغۋەنچىلىك مەھسۇلات قىممىتى دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتىنىڭ %4.5نى ئىگىلەپ، 1998 - يىلدىكىدىن 0.6 پىرسەنت پوئېنتى، چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى %29.2نى ئىگىلەپ، 1.9 پىرسەنت پوئېنتى ئاشتى. خوتەن، ئاقسۇ، قىزىلسۇ، ئالتاي قاتارلىق جايلار يېزا ئىگىلىك كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، نامرات ئاممىنى باشقا جايلارغا بېرىپ ئىشلەپ، كىرىمنى ئاشۇرۇش يوللىرىنى كېڭەيتىشكە يېتەكلىدى ۋە تەشكىللىدى، 30 نامرات ناھىيە (شەھەر) دىن باشقا جايلارغا بېرىپ ئىشلىگەنلەر 100 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى.

تۆتىنچىدىن، نامراتلارنى يۆلەش كەنت ۋە ئائىلىلەرگىچە كېڭەيتىلدى ۋە چوڭقۇرلىتىلدى. 1999 - يىلى ئاز كەم 300 مىليون يۈەن نامراتلارنى يۆلەش كرېدىت مەبلىغى ئاز سوممىلىق قەرز بېرىش يولى بىلەن بىۋاسىتە ئائىلىلەرگە يەتكۈزۈلدى. خوتەن، لوپ، قارىقاش، قەشقەر يېڭىشەھەر، جىمىنەي قاتارلىق ناھىيە (شەھەر) لەر نۇقتا قىلىنغان ئاز سوممىلىق كرېدىتنى سىناق قىلىش نۇقتىلىرى روشەن ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشتى، تارقىتىلغان سومما 15 مىليون يۈەندىن ئېشىپ، 5000 دىن ئارتۇق ئائىلە، ئاز كەم 30 مىڭ ئادەم بەھرىمەن بولدى ھەمدە سىناق قىلىنغان ناھىيە (شەھەر) دىن تەدرىجىي ھالدا كېڭەيدى.

بەشىنچىدىن، نامراتلارنى پەن - تېخنىكا جەھەتتىن يۆلەش سالمىقى زورايتىلدى. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون 3 مىليون 250 مىڭ يۈەن مەبلەغنى مەخسۇس تۈر بويىچە ئورۇنلاشتۇردى. ئاپتونوم رايون ۋە جايلار نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش ۋە دېھقانچىلىق ۋاقتىغا بىرلەشتۈرۈپ، مەركەزلىك ئۆگىنىش، نەق مەيداندا كۆرسىتىش، پەننى ئومۇملاشتۇرۇشنى تەشۋىق قىلىش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ، تەربىيىلەشنى قاتلاممۇ قاتلام تەشكىللىدى. بىر يىلدا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ۋە دېھقان، چارۋىچىلار 1 مىليون 368 مىڭ ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى. بىر يىلدا ئاپتونوم رايوندا مەخسۇس نامراتلارنى يۆلەش بويىچە تەربىيىلەنگىنى 380 ئادەم، ئاپتونوم رايون سىرتىغا ئەۋەتىپ تەربىيىلىگىنى 80 نەچچە ئادەم.

نىيۇ لىنكاڭ

## جەمئىيەتنىڭ نامراتلارنى يۆلەش ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت (ئوبلاست)، ناھىيە (شەھەر) دىن ئىبارەت 3 دەرىجە بويىچە جەمئىيەتنىڭ نامراتلارنى يۆلەشكە سالغان مەبلىغى 74 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ھەقسىز مەبلەغ 41 مىليون 630 مىڭ يۈەن، ئىئانە قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ قىممىتى 32 مىليون 640 مىڭ يۈەن، نامرات رايونلارغا ياردەم بېرىش

# سانائەت

## ئومۇمىي بايان

### سانائەت ئىقتىسادىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون مەركىزىنىڭ ئىچكى تەلەپنى ئاشۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە دائىر تۈرلۈك سىياسەت تەدبىرلىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، دۆلەت كارخانىلىرىنى ئىسلاھات ئارقىلىق 3 يىلدا قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، زىياننى تۈگىتىپ پايدىنى ئاشۇرۇش خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، تېخنىكا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، قۇرۇلمىنى تەڭشەپ، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، زور كۈچ بىلەن بازار ئېچىپ، سانائەت ئىقتىسادىنىڭ ئۇدا، ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى، ئىقتىسادىي ھەرىكەتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى 1998 - يىلدىكىدىن كۆرۈنەرلىك ياخشى بولدى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە سانائەت قوشۇلما قىممىتى 31 مىليارد 800 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %6.5 ئاشتى، ئېشىش سۈرئىتى 1998 - يىلدىكىدىن 3.3 پىرسەنت پوئېنتى ئۆستى. يېنىك سانائەت، ئېغىر سانائەت مۇقىم ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېنىك سانائەت %9 ئاشتى؛ ئېغىر سانائەت %5.9 ئاشتى. دۆلەت كارخانىلىرى ۋە پاي تۈزۈمىدىكى كارخانىلارنىڭ باشقا كارخانىلارنىڭكىدىن تېز ئاشتى، ئايرىم - ئايرىم %6.3 ۋە %8.1 ئاشتى؛ كوللېكتىپ كارخانىلىرىنىڭ %3.8 ئاشتى؛ چەت ئەل سودىگەرلىرى ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن مەبلەغ

---

ئۈچۈن كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 25 مىليون 690 مىڭ يۈەن، كىرگۈزۈلگەن تۈر 329، كىرگۈزۈلگەن تېخنىكا ئىختىساس ئىگىلىرى 56، رېمونت قىلىنغان ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئۆيى 11، ياردەم بېرىلگەن نامرات ئوقۇغۇچى 2858. جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز باش شىركىتى، تۆمۈريول مىنىستىرلىكى، خەلق ئاۋىئاتسىيە باش ئىدارىسى 8 نامرات ناھىيىسىگە نۇقتىلىق ياردەم بەردى، بىر يىلدا ھەقسىز بەرگەن مەبلىغى 6 مىليون 983 مىڭ يۈەن، ياردەم بەرگەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى قاتارلىق ماددىي ئەشيالارنىڭ قىممىتى 6 مىليون 176 مىڭ يۈەن، نامراتلارنى يۆلەش تۈرىدىن 53نى يولغا قويدى. 7 مەكتەپ سېلىپ بەردى، 2220 نامرات ئوقۇغۇچىغا ئىقتىسادىي ياردەم بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا 22 كادىرنى ۋەزىپە بىلەن نۇقتىدا تۇرۇشقا ئەۋەتتى ھەمدە ئاپتونوم رايونغا ناھىيە دەرىجىلىك 81 كادىر يېتىشتۈرۈپ بەردى.

نيۇ لىنكاڭ

### نامراتلارنى يۆلەش بويىچە شەرق - غەرب ھەمكارلىقى

1999 - يىلى شىنجاڭ شەندۇڭ ئۆلكىسى بىلەن نامراتلارنى يۆلەش بويىچە رەسمىي ھالدا شەرق - غەرب ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ، ھەمكارلىق خاتىرىسى ئىمزالىدى، شۇنىڭ بىلەن نامراتلارنى سىستېمىلار بويىچە يۆلەش ھەمكارلىقى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭدىكى 10 نامرات ناھىيە (شەھەر) گە ھەقسىز ياردەم بەرگەن مەبلىغى ۋە ماددىي ئەشياسى 42 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىل، تراكتور، سۇ پومپىسى ۋە ترانسفورماتور قاتارلىقلارنىڭ قىممىتى 11 مىليون يۈەن، 10 ئۈمىد باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىلگىنى 21 مىليون يۈەن، 10 ناھىيە (شەھەر) نىڭ نامراتلارنى يۆلەش تۈرىگە ياردەم بېرىلگىنى 10 مىليون يۈەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا 10 نامرات ناھىيە (شەھەر) گە ناھىيە، يېزا دەرىجىلىك كادىرلاردىن 60نى تەربىيىلەپ بەردى. شەندۇڭدىكى ئالاقىدار شەھەر، ناھىيىلەر شىنجاڭدىكى 10 نامرات ناھىيە (شەھەر) بىلەن دوستلۇق ئورنىتىپ، 59 ھەمكارلىق تۈرى بويىچە كېلىشىم ئىمزالىدى.

نيۇ لىنكاڭ

سالغان كارخانىلارنىڭ %2.5 ئاشتى، ساناەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ سېتىش نىسبىتى %97.6 كە يېتىپ، 0.5 پىرسەنت پوئىنتى ئۆستى.

ئاپتونوم رايون بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 1998 ـ يىلدىكىدىن %5.8 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە جەمئىيەت بويىچە تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سالغان مەبلەغ 6 مىليارد يۈەن ئورۇندىلىپ، %21.2 تۆۋەنلىدى (يەرلىك كارخانىلار سالغان مەبلەغ 2 مىليارد 300 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %21.7 ئاشتى).

تۆمۈريولدا توشۇلغان يۈك 1998 ـ يىلدىكىدىن %9.8 ئاشتى. شىنجاڭدىن چىقىرىلىدىغان نۇقتىلىق ئەشيالار ئىچىدە نېفىتنىڭ توشۇلۇش مىقدارى %20.2، تەييار نېفىتنىڭ توشۇلۇش مىقدارى %17.8، پاختىنىڭ توشۇلۇش مىقدارى %62.8، پولات ـ تۆمۈرنىڭ توشۇلۇش مىقدارى %44.6 ئاشتى. تاشيول، خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ترانسپورتى داۋاملىق ئاشتى.

ئاپتونوم رايون ساناەت ئىقتىسادىي ھەرىكىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك يۈرۈشتۈرۈلۈشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرى: (1) دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات قەدىمى تېزلەشتۈرۈلدى. (2) كارخانىلارنىڭ قەرز نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش ۋە ۋەيران قىلىپ قايتىدىن تەشكىللەش خىزمىتىنىڭ سالمىقى زورايتىلدى. (3) دۆلەت قەرز ئۆسۈمىنى ئۇدا 7 قېتىم تۆۋەنلەتتى، كارخانىلارنىڭ مالىيە خىراجىتىنى تۆۋەنلەتتى. (4) دۆلەت ئەتكەسچىلىككە زەربە بېرىش سالمىقىنى زورايتتى، شۇنىڭدەك خەلقئارادا نېفىت باھاسى ئۆرلەپ، نۇرغۇن مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشقا پۇرسەت يارىتىلدى. (5) دۆلەت پاختا توقۇمىچىلىقتا ئۇرچۇقلارنى ئازايتىشى ۋە ئاپتونوم رايون يولغا قويغان ئامباردىكى مالنى ئازايتىپ سېتىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش چارىسى دەسلەپكى قەدەمدە ئۈنۈم بەردى. (6) كارخانا باشقۇرۇش سەۋىيىسى ئۆستى، 2 تۈرلۈك مەبلەغ (كارخانىلار يىغىۋېلىشقا تېگىشلىك نېسى پۇل، تەييار مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشتا ئىگىلەپ كېتىلگەن مەبلەغ) كۆپىيىش ۋەزىيىتى تورمۇزلىنىپ، مەبلەغدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمدارلىقى ئۆرلىدى.

ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، 1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ساناەت كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش، ئۈنۈم ئەھۋالى 1998 ـ يىلدىكىدىن كۆرۈنەرلىك ياخشى بولدى، لېكىن شۇنى كۆرۈش كېرەككى بۇ خىل ياخشىلىنىش ئالدىنقى يىلدىكى تۆۋەن سۈرئەت، تۆۋەن ئۈنۈم ئاساسىدىكى ئۆرلەش بولۇپ، بىرقەدەر روشەن ئەسلىگە كېلىش تۈسىنى ئالغان.

1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايون ساناەت ئىقتىسادىنىڭ ھەرىكىتىدە بەزى قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەر ساقلاندى: (1) بازارنىڭ ئۈنۈملۈك ئېھتىياجى يېتەرلىك بولمىدى. ساناەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى ئۇدا تۆۋەن بولدى. پۇل قىسلىقىنىڭ ئالامەتلىرى يەنىلا ناھايىتى روشەن بولدى. ئىستېمال تەلىپى بولۇپمۇ يېزىلارنىڭ ئىستېمال تەلىپى داۋاملىق سۇس بولدى، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىدىكى قوزغاش رولى ئاجىز بولدى. (2) بىر قىسىم مەھسۇلاتلارنىڭ بازاردىكى رىقابەت كۈچى ئاجىز بولدى. (3) دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلارنىڭ قەرزى ئېغىرلىشىپ كېتىپ، تەرەققىيات زاپاس كۈچى يېتەرلىك بولمىدى. (4) كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى تۈپتىن ياخشىلىنالمىدى، ئاپتونوم رايون بويىچە كارخانىلار ساپ زىيان تارتىشتىن قۇتۇلالمىدى.

دېڭ شۈچى

## ساناەت كارخانىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئەھۋالى

1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايون ساناەت كارخانىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى پەيدىنپەي ئۆرلەپ، زىيان تارتىش ئەھۋالى سەل ياخشىلاندى. بۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلىرى: (1) ساناەت ئىقتىسادىنىڭ ئومۇمىي ئۈنۈم سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ئۆستى. ساناەت ئىقتىسادىنىڭ ئۈنۈۋېرسال ئۈنۈم كۆرسەتكۈچى %74 كە يېتىپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن 11.5 پىرسەنت پوئىنتى ئۆستى. سېلىشتۇرۇلىدىغان 7 تۈرلۈك ئىقتىسادىي ئۈنۈم كۆرسەتكۈچى 1998 ـ يىلدىكىدىن ياخشى بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي خادىم ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى كىشى بېشىغا 22 مىڭ 686 يۈەنگە يېتىپ، %9.5 ئاشتى؛ مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %97.6 كە يېتىپ، 0.5 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىدى؛ مۈلۈك ئومۇمىي تۆھپە نىسبىتى %6.4 كە يېتىپ، 0.6 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىدى؛ مۈلۈك قىممىتىنىڭ ساقلىنىش ـ ئېشىش نىسبىتى %108.9 كە يېتىپ، 1.6 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىدى؛ ئاكتىپ ـ پاسسىپ نىسبىتى %68.8 بولۇپ، 3.4 پىرسەنت پوئىنتى چۈشتى؛ تۇراقسىز مەبلەغنىڭ ئوبوروت نىسبىتى 1.18 قېتىم ـ يىل بولۇپ، 0.14 قېتىم ـ يىل تېزلەشتى؛ تەننەرخ خىراجىتى پايدا نىسبىتى %0.08— بولۇپ، 1.73 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىدى. (2) كارخانىلارنىڭ زىيان تارتىش ئەھۋالى سەل ياخشىلاندى، لېكىن زىيان تارتىش دائىرىسى يەنىلا ئازايمىغانىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ستاتىستىكا قىلىنىدىغان 1694 ساناەت كارخانىسى ئىچىدە زىيان تارتقان كارخانا 745، زىيان تارتىش دائىرىسى %44 بولۇپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن 4.8 پىرسەنت پوئىنتى كۆپەيدى؛ پايدا ئالغان كارخانىلارنىڭ

پايدا سوممىسى 61.4% كۆپەيدى، زىيان تارتقان كارخانىلارنىڭ زىيان سوممىسى 25.7% كۆپەيدى. پايدا بىلەن زىياننى بالانس قىلغاندىن كېيىنكى ساپ زىيان 47 مىليون يۈەن بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 90.6% ئازايدى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت كارخانىلىرى ياكى پاي تىزگىنلىگەن دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ساپ زىيىنى 289 مىليون يۈەن بولۇپ، 60.5% ئازايدى. چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلار زىيان تارتىشنى پايدا ئېلىشقا ئۆزگەرتىپ، مۇشۇ يىلدا 331 مىليون يۈەن پايدا ئالدى، لېكىن 206 چوڭ، ئوتتۇرا كارخانا ئىچىدە 112 كارخانا زىيان تارتتى، زىيان تارتىش دائىرىسى 54.4% كە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 4.8 پىرسەنت پوئېنتى كۆپەيدى. (3) مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىش ئەھۋالى پەيدىنپەي ياخشىلاندى، 2 تۈرلۈك مەبلەغنىڭ ئىگىلىنىش نىسبىتى ئۆزلۈكسىز تۆۋەنلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش كىرىمى 59 مىليارد 847 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 7.6% ئاشتى؛ يىل ئاخىرىدىكى تەييار مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشتا ئىگىلەپ كېتىلگەن مەبلەغ 7 مىليارد 400 مىليون يۈەن بولۇپ، 6.6% ئازايدى، يىغىۋېلىشقا تېگىشلىك نېسى پۇل ساپ سوممىسى 12 مىليارد 496 مىليون يۈەن بولۇپ، 11.3% ئازايدى؛ 2 تۈرلۈك مەبلەغنىڭ يىغىندىسى 19 مىليارد 896 مىليون يۈەن بولۇپ، تۇراقسىز مەبلەغنىڭ ئوتتۇرىچە ئېشىندىسىنىڭ 39.1% نى ئىگىلىدى، 2.4 پىرسەنت پوئېنتى چۈشتى.

دىڭ شۈچى

## سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئالاھىدىلىكى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەش سالمىقىنى يەنىمۇ زورايتتى، ھەرقايسى ساھەلەر، ھەرقايسى رايونلار خىزمەت گۈرۈپپىسى ئەۋەتىپ، كارخانىلارنىڭ مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ سېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈشىگە، زىياننى تۈگىتىپ قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بەردى، مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى. نېفىت، نېفىت خىمىيە سانائىتى، توقۇمىچىلىق قاتارلىق ساھەلەر بازار ئەسلىگە كېلىۋاتقان پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، تېرىشىپ مەھسۇلاتنى، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇپ كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشتى. يىل ئاخىرىغا قەدەر نېفىت ئىشلەپچىقىرىشى 1998 - يىلدىكىدىن 8.4%، تەبىئىي گاز 30.6%، پىششىقلاپ ئىشلەنگەن نېفىت 34.0%، پاختا يىپ 42.6%، پاختا رەخت 20.3% ئاشتى. نېفىت، توقۇمىچىلىقتىن ئىبارەت بۇ 2 تۈۋرۈك كەسىپ ئاپتونوم رايون سانائىتىنىڭ 6.6 پىرسەنت پوئېنتى ئېشىشىغا تۈرتكە بولدى. بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ساھەسى ئۇزۇل مۇددەتسىدىن قۇرۇلۇشى تېزلەشتۈرۈلگەن پايدىلىق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، سېمونت، تاش ماتېرىياللار قاتارلىق بىر تۈركۈم مەبلەغ سېلىش تۈرىدىكى مەھسۇلاتلارنى تېز سۈرئەتتە ئاشۇردى. يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى يېتىشتۈرۈش قەدىمى يەنىمۇ تېزلەشتۈرۈلدى، پاختا يىپ، پەمىدۇر مەھسۇلاتلىرى، يېمەكلىككە ئىشلىتىلىدىغان مۇ يېغى، ئالتۇن قاتارلىق بىر تۈركۈم مەھسۇلاتلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش - سېتىلىش كۆلىمى كۆرۈنەرلىك كېڭەيتىلدى. يېتەكچى ۋە ئالاھىدە كەسىپلەرنىڭ تۈرتكىسىدە، ئاپتونوم رايوننىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى مۇقىم ئاشتى، ئېشىش سۈرئىتى 1998 - يىلدىكىدىن كۆرۈنەرلىك تېز بولدى. 1 - پەسىلدە سانائەت قوشۇلما قىممىتى ئوتتۇرىچە 5.5%، 2 - پەسىلدە ئوتتۇرىچە 8.2% ئاشتى، 3 - پەسىلدە 1998 - يىلى خېلى ئاشقان ئاساستا يەنىلا 6.8% لىك ئېشىش سۈرئىتى ساقلاپ قېلىنىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەرقايسى كارخانىلار سېتىشنى باشتىن ئاخىر ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، تىرىشىپ ئىشلەپچىقىرىشنى بازار ئېھتىياجىغا قاراپ ئويۇشتۇرۇپ، ئامباردىكى مەھسۇلاتنى ئازايتىپ سېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىشىنى قاتتىق تۇتۇپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىشنى جىپسىلاشتۇرۇش سەۋىيىسىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈردى. ئاپتونوم رايون بويىچە سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش - سېتىلىش نىسبىتى 1 - ئايدىكى 80.9% تىن ئايمۇئاي ئۆرلەپ، 12 - ئاينىڭ ئاخىرىدا 97.6% كە يېتىپ، ئاپتونوم رايون يىل بېشىدا بېكىتكەن 96% تىن تۆۋەن بولماسلىقتىن ئىبارەت تەڭشەش - تىزگىنلەش نىشانى تولۇق ئورۇندالدى.

دىڭ شۈچى

## سانائەت قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون دۆلەتنىڭ قوشۇۋېتىش، ۋەيران قىلىش، قەرزنى پايغا ئۆزگەرتىش قاتارلىق سىياسەت تەدبىرلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، سانائەت قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش سالمىقىنى زورايتتى. پاختا توقۇمىچىلىقتا ئۇرچۇق ئازايتىش - ئۆزگەرتىش، كۆمۈر سانائىتىدە كان قۇدۇقلىرىنى تاقاپ مەھسۇلاتنى ئازايتىش ۋە 5 كىچىكنى ئېنىقلاش ئارقىلىق بىر تۈركۈم قالاق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى شاللىۋېتىلدى، بىر تۈركۈم زىيان مەنبەسى تۈگىتىلدى؛ قەرزنى پايغا ئۆزگەرتىشنى پۇرسەت قىلىپ، كاپىتال قۇرۇلمىسىنى سەرخىللاشتۇرۇپ، ياخشىلىرىنى، كۈچلۈكلىرىنى يۆلەپ، تۈۋرۈك كەسىپلەرنى تىرىشىپ يېتىشتۈرۈپ ۋە زورايتىپ ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

ئومۇمىي مىقدارنى تىزگىنلەش

توقۇمىچىلىقتا ئۇرچۇقلارنى قىسقارتىش مۇقىم

ئېلىگىرىلىدى. 1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايون 130 مىڭ ئۆرچۆقنى قىسقارتىشنى پىلانلىغانىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، يەرلىك كارخانىلاردا 80 مىڭ ئۆرچۆقنى قىسقارتىش پىلانلانغان بولۇپ، شىنجاڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى گۇرۇھ شىركىتىگە 35 مىڭ، «تەڭرىتاغ» توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتىگە 5000، «شۇندا» پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىغا 10 مىڭ، قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىغا 5000، سانجى پاختا توقۇمىچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىگە 25 مىڭ ئۆرچۆق ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەنىدى، دۆلەت توقۇمىچىلىق سانائىتى ئىدارىسىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، مۇشۇ يىل ئىچىدە پىلان ئوڭۇشلۇق ئورۇندالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قالاق يۇڭ توقۇمىچىلىق ئۆرچۆقىدىن 25 مىڭى قىسقارتىلدى.

كۆمۈر سانائىتىدە كان قۇدۇقلىرىنى تاقاپ مەھسۇلاتنى ئازايتىشتا نەتىجە ھاسىل قىلىندى. 1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 364 قانۇنسىز كان قۇدۇقى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى ۋە تاقىۋېتىلدى، كۆمۈر مەھسۇلاتى 3 مىليون 580 مىڭ تونna ئازايتىلدى، دۆلەت چۈشۈرگەن ۋەزىپە ئايرىم ـ ئايرىم %4. 236 ۋە %5. 108 ئورۇندالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا 707 كان قۇدۇقى تەكشۈرۈلدى ۋە قايتىدىن كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى تارقىتىپ بېرىلدى. بۇ ئاپتونوم رايوندىكى كان قۇدۇقلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ %60 نى ئىگىلەيدۇ.

كىچىك پولات ـ تۆمۈر زاۋۇتلىرىنى تاقاش لايىھىسى يولغا قويۇلدى. 1999 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە كىچىك پولات ـ تۆمۈر كارخانىسىدىن 201 ى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە كىچىك تۆمۈر تاۋلاش كارخانىسى 23، پېچ 29 ئىدى. كىچىك پولات تاۋلاش كارخانىسى 55، يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 130 مىڭ تونna، كىچىك پولات پروكاتلاش زاۋۇتى 113 بولۇپ، كۆلىمى چوڭراق بولغانلىرى يىلىغا 30 مىڭ تونna پولات ماتېرىيال ئىشلەپچىقىرالايدۇ. كىچىك تۆمۈر قېتىشمىسى ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتى 10 بولۇپ، يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 40 مىڭ 500 تونna. دۆلەت ئىقتىساد ـ سودا كومىتېتىنىڭ 1999 ـ يىلدىكى 6 ـ نومۇرلۇق پەرمانى بويىچە، ئايرىم تۆمۈر قېتىشمىسى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىدىن باشقىلىرى تاقاش، شاللىۋېتىش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەن. 1999 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە كىچىك پولات ـ تۆمۈر كارخانىسىدىن 91 ى تاقىۋېتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە كىچىك تۆمۈر تاۋلاش زاۋۇتى 19، پېچ 22، كىچىك پولات تاۋلاش زاۋۇتى 16، كىچىك پولات پروكاتلاش زاۋۇتى 49، كىچىك تۆمۈر قېتىشمىسى زاۋۇتى 7. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ماشىنسازلىق ساھەسىدىكى كىچىك پولات تاۋلاش پېچلىرىنىڭ پەقەت قۇيما پولات ئىشلەپچىقىرىشىلا بولىدىغانلىقى، قۇيما پولات ماتېرىيال ئىشلەپچىقىرىشقا بولمايدىغانلىقى ئېنىق بېكىتىلدى.

كىچىك سېمونت زاۋۇتلىرىنى تاقاش خىزمىتى باشلاندى. ئاپتونوم رايون بويىچە ھازىرقى سېمونت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 9 مىليون 200 مىڭ تونىنىغا يېتىدۇ، يىلىغا تەخمىنەن 7 مىليون توننىدىن كۆپرەك سېمونت ئىشلەپچىقىرىلىدۇ، ئېھتىياج بىلەن تەمىنلەش ئاساسىي جەھەتتىن تەڭپۇڭ. لېكىن ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى نامۇۋاپىق، ھۈنەر ـ سەنئەت جەھەتتە قوراللىنىشى قالاق كىچىك كارخانىلار كۆپ بولۇپ، ئوتتۇرىچە مەھسۇلات مىقدارى ئاران 60 مىڭ تونىنىغا يېتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سۈپىتى ۋە دەرىجىسى يۇقىرى سېمونت مەھسۇلاتلىرى ئاز بولۇپ، ئاران %28 نى ئىگىلەيدۇ، مەملىكەتنىڭ %72 لىك ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىگە يېتىشتىن تېخى يىراق. شۇڭلاشقا، ئاپتونوم رايون سېمونت قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشتە ئۆزگەرتىشنى ئاساس قىلىش، شاللىۋېتىشنى قوشۇمچە قىلىش پرىنسىپى بويىچە، بازار ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ كونكرېت يولغا قويۇش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1999 ـ يىلى 13 كىچىك سېمونت كارخانىسى تاقىۋېتىلدى ياكى كەسپىنى ئۆزگەرتتى، بۇلارنىڭ جەمئىي ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 140 مىڭ تونna.

ئومۇمىي مىقدارنى تىزگىنلەش تەدبىرى يولغا قويۇلۇپ قۇرۇلما تەڭشەلگەنلىكتىن، 1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ توقۇمىچىلىق ساھەسىدە زىيان زور ھەجىمدە ئازايدى، پولات ـ تۆمۈر، سېمونت ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارىتىدە پايدا ئېلىش ۋەزىيىتى ساقلاپ قېلىندى.

قوشۇۋېتىش، ۋەيران قىلىش

1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندا جەمئىي 18 كارخانا مەملىكەت بويىچە قوشۇۋېتىش، ۋەيران قىلىش پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن، بۇرۇنقى يىللاردا قوشۇۋېتىلگەن كارخانىلاردىن قالغان تۈرلەر قوشۇلۇپ تىرىلمەس ھېسابتا تۇرۇپ قالغان 2 مىليارد 350 مىليون يۈەن بانكا قەرزىنى كۆتۈرۈۋېتىشكە توغرا كەلگەنىدى. بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن كۆپەيگەن 18 كارخانىنىڭ (يەرلىك كارخانا 12 بولۇپ، قەرزى 1 مىليارد 570 مىليون يۈەن؛ بىڭتۇەننىڭ 6 كارخانا بولۇپ، قەرزى 550 مىليون يۈەن) تىرىلمەس ھېسابتا تۇرۇپ قالغان 2 مىليارد 120 مىليون يۈەن بانكا قەرزى كۆتۈرۈۋېتىلدى؛ بۇرۇنقى يىللاردىن قالغان تۈرلەرنىڭ 230 مىليون يۈەنى كۆتۈرۈۋېتىلدى. 1997 ـ يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي 110 كارخانا قوشۇۋېتىش، ۋەيران قىلىش سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولدى، تىرىلمەس ھېسابتا تۇرۇپ قالغان 4 مىليارد 280 مىليون يۈەن

بانكا قەرزى كۆتۈرۈۋېتىلدى، بۇ 17 مىليارد 400 مىليون يۈەن مۇلۇك سوممىسى ۋە 180 مىڭ ئىشچى - خىزمەتچىگە چېتىلىدۇ.

كاپىتال قۇرۇلمىسىنى سەرخىللاشتۇرۇش خىزمىتىدە سەرخىللاشتۇرۇشنى كارخانىلارنى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، تىرىلمەس ھېسابتا تۇرۇپ قالغان بانكا قەرزىنى كۆتۈرۈۋېتىشنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇلىدىغان نۇقتىلىق كارخانىلارغا ئېتىبار بېرىلدى، نىشانلىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، كارخانىلارنى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئىشى قاتتىق تۇتۇلۇپ، ئاپتونوم رايوندىكى دۆلەت ئىلكىدىكى ۋە پاينى كونترول قىلىدىغان دۆلەت ئىلكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلاردىن زىيان تارتقان 32 كارخانا قوشۇۋېتىلدى ۋە ۋەيران قىلىندى (بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك كارخانا 24، بىڭتۇەننىڭ 8).

قەرزنى پايغا ئۆزگەرتىش

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون يەرلىك دۆلەت سانائەت كارخانىلىرىنىڭ قەرز ۋە قەرز ھوقۇقىنى پاي ھوقۇقىغا ئۆزگەرتىش ئەھۋالىنى ئىستىلاپ تەكشۈردى، دۆلەتنىڭ قەرز ھوقۇقى پاي ھوقۇقىغا ئۆزگەرتىلىدىغان كارخانىلارنى تاللاش دائىرىسى ۋە شەرتى بويىچە 52 كارخانىنى تاللاپ، دۆلەت ئىقتىساد - سودا كومىتېتىغا كۆرسەتتى.

1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايوندا 17 كارخانا دۆلەتنىڭ قەرز ھوقۇقىنى پاي ھوقۇقىغا ئۆزگەرتىشنى سىناق قىلىدىغان كارخانىلار ئىسىملىكىگە كىرگۈزۈلدى، 6 مىليارد 250 مىليون يۈەن قەرز پايغا ئۆزگەرتىلمەكچى (بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك كارخانا 12 بولۇپ، 4 مىليارد 890 مىليون يۈەن قەرز پايغا ئۆزگەرتىلمەكچى؛ بىڭتۇەننىڭ 4 كارخانا بولۇپ، 980 مىليون يۈەن قەرز پايغا ئۆزگەرتىلمەكچى؛ مەركەزگە قاراشلىق كارخانا بىر بولۇپ، 380 مىليون يۈەن قەرزى پايغا ئۆزگەرتىلمەكچى، دۆلەت ئىقتىساد - سودا كومىتېتىنىڭ 1 - تۈركۈمدىكى كۆرسىتىش تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن شىنجاڭ باغراش قومۇشچىلىق گۇرۇھى مۇشۇ يىل ئىچىدە جۇڭگو «شىندا» مۇلۇك باشقۇرۇش شىركىتى بىلەن قەرزنى پايغا ئۆزگەرتىشنىڭ رامكا كېلىشىمىنى ئىمزالىدى.

دېڭ شۆچى

## كارخانا باشقۇرۇش ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون كارخانىلارنىڭ تەننەرخ باشقۇرۇشنى، مالىيە باشقۇرۇشنى، سۈپەت باشقۇرۇشنى ۋە ماركېتىڭ باشقۇرۇشنى نۇقتىلىق كۈچەيتتى. جايلار، ساھەلەر زور بىر تۈركۈم خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، باشقۇرۇشى ئاجىز بولغان كارخانىلارغا بولغان يېتەكچىلىكنى كۈچەيتتى، بولۇپمۇ ئامباردىكى مەھسۇلاتلارنى ئازايتىپ، سېتىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، قەرزنى ئېنىقلاش خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى كۈچەيتتى. بىر تۈركۈم كارخانىلار شەندۇڭ «ياشىڭ» شىركىتىنىڭ سېتىۋېلىش - سېتىشتا باھاسىنى سېلىشتۇرۇپ باشقۇرۇش ۋە شىنجاڭ ئالاھىدە تىرانسفورماتور سانائىتى شىركىتىنىڭ بازارغا يۈزلىنىش، 3 نى ئۆزگەرتىش، بىرنى كۈچەيتىشنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش تەجرىبىسىنى ئۆگىنىپ ۋە ئۆرنەك قىلىپ، ئاساس باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، يوچۇقلارنى ئەستايىدىل ئېتىپ، تەننەرخنى تۆۋەنلەتتى. كارخانىلارنى دېموكراتىك باشقۇرۇشنى پائال ئىلگىرى سۈردى، ئاپتونوم رايون بويىچە تەخمىنەن كارخانىلارنىڭ يېرىمىدا زاۋۇت ئىشلىرىنى ئاشكارىلاش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ دېموكراتىك نازارەت قىلىش، ئارىلىشىش ۋە باشقۇرۇشى كۈچەيتىلدى.

1999 - يىلى كارخانىلارنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمىتى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى، كارخانا رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇلۇشى گەۋدىلەندۈرۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىساد - سودا كومىتېتى (خىزمەت كومىتېتى) قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلار كۆچ تەشكىللەپ، نۇقتىلىق قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇلىدىغان كارخانىلارغا بېرىپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، بىر تۈركۈم كارخانا رەھبەرلىرى ۋە زاپاس خادىملارنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى ئۈچۈر ئامبىرى قۇردى؛ 1300 دىن ئارتۇق زاۋۇت باشلىقى، دىرېكتور ۋە باشقا باشقۇرۇش خادىملىرى سودا - سانائەت باشقۇرۇشى بويىچە تەربىيىلەندى؛ ئاپتونوم رايوندىكى نۇقتىلىق قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇلىدىغان كارخانىلارنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى دۆلەت ئىقتىساد - سودا كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش بويىچە كۇرسقا قاتناشتۇرۇلدى، بىر تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت كارخانا باشقۇرۇش خادىملىرى كۇرسقا قاتناشتۇرۇلدى. ئىشچى - خىزمەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ئومۇمىي ساپاسى يەنىمۇ ئۆستۈرۈلدى.

دېڭ شۆچى

## تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون تېخنىكا ئۆزگەرتىش مەخسۇس مەبلىغى، مەبلەغ سېلىش كېپىللىكى، يەر - زېمىن ئۆتۈنۈپ تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنما سېلىش قاتارلىق سىياسەتلەرنى ۋاقتىدا ئوتتۇرىغا چىقاردى، ھەمدە مەركەز ۋە دۆلەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىغا كۆپ قېتىم دوكلات قىلىپ، دۆلەتنىڭ شىنجاڭنىڭ نۇقتىلىق تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرلىرىنى قوللىشىغا ئېرىشتى. 1999 - يىلى ئاپتونوم

رايوننىڭ 11 ئوقتىلىق تۈرى دۆلەت مالىيىسىدىن بېرىلىدىغان ئۆسۈمى تولۇقلىنىدىغان مەخسۇس مەبلەغ تۈرى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى، سېلىنىدىغان ئومۇمىي مەبلەغ 2 مىليارد 380 مىليون يۈەن بولدى. يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر تۈركۈم بازىلىق مەھسۇلاتلىرىنى يارىتىشقا ئوقتىلىق مەدەت بېرىلدى. پاختا توقۇمىچىلىق ساھەسىنىڭ مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش سالمىقى زورايتىلدى، ئالاھىدە ۋە داڭلىق مەھسۇلاتلارغا مەبلەغ سېلىش تېزلەشتۈرۈلدى. مۇشۇ يىلدا شىنجاڭ پولات - تۆمۈر شىركىتىنىڭ ئېلېكتر پېچىنى ئۆزگەرتىش، شىنجاڭ «تۈنخې» گۇرۇھى ۋە «كىبجى» پەمدۇر قىيامى مەھسۇلاتلىرى شىركىتىنىڭ پەمدۇر قىيامى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىنى ئۆزگەرتىش، كونەس ناھىيىلىك شېكەر زاۋۇتىنى ئۆزگەرتىش، شىنجاڭ لوپنۇر پاختا توقۇمىچىلىق گۇرۇھى كورلا ئىنچىكىلەپ تىنىپ تاراش ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىنى ئۆزگەرتىش قاتارلىق يەرلىك كارخانىلارنىڭ ئوقتىلىق تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرىدىن 70 تۈر ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، مۇشۇ يىلدا 1 مىليارد 650 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە داۋاملىق قۇرۇلۇۋاتقىنى 26 تۈر بولۇپ، مۇشۇ يىلدا 970 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، قۇرۇلۇش باشلىغان 44 تۈرگە مۇشۇ يىلدا 680 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئورۇنلاشتۇرۇلغان تۈر سانى ۋە سېلىنغان مەبلەغ سوممىسى 1998 - يىلدىكىدىن زور ھەجىمدە ئاشتى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون كارخانىلارنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىشنى سىياسەت جەھەتتىن قوللاش سالمىقىنى ئاشۇردى، ئوقتىلىق تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرلىرىگە ماكرو جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش، ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىش، پۇل مۇئامىلە، مالىيە مەبلىغىنىڭ ۋاقتىدا ئەمەلىيلىشىشىنى ۋە تۈر مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتتى، ئاپتونوم رايون بويىچە تېخنىكا ئۆزگەرتىشتە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى. مۇشۇ يىلدا قۇرۇلۇشى باشلىنىپ داۋاملىق قۇرۇلۇۋاتقىنى ۋە يېڭىدىن قۇرۇلۇش باشلانغىنى 49 تۈر بولۇپ، ئاپتونوم رايون بېكىتكەن 10 چوڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرىدىكى شىنجاڭ پولات - تۆمۈر گۇرۇھىنىڭ 70 توننىلىق ئېلېكتر پايىسمان پېچى، شىنجاڭ «گۇاڭخۇي» گۇرۇھ شىركىتىنىڭ تاش ماتېرىياللىرى، شىنجاڭ «تۈنخې» چەكلىك شىركىتىنىڭ پەمدۇر قىيامى تۈرى قاتارلىق 6 تۈردە قۇرۇلۇش باشلاندى، مۇشۇ يىلدا 37 تۈر يېڭىدىن ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. مۇشۇ يىلدا ئاپتونوم رايون بويىچە تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ مۇقىم ئاشتى، بولۇپمۇ يەرلىك كارخانىلار سالغان مەبلەغ تېز ئاشتى. 1999 - يىلى يەرلىك كارخانىلار سالغان مەبلەغ 2 مىليارد 300 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 21.7% ئاشتى، پۈتۈن جەمئىيەت سالغان مەبلەغنىڭ ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتىدىن 10 پىرسەنت پونكىتتى يۇقىرى بولۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە سېلىنغان مەبلەغنىڭ ئېشىشىدىكى مۇھىم تۈرتكىلىك كۈچكە ئايلاندى.

دېڭ شۈچى

## تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون كارخانا تېخنىكا مەركىزى قۇرۇشنى تېزلەتتى، ئېتىراپ قىلىنغان دۆلەت دەرىجىلىك 3 كارخانا تېخنىكا مەركىزى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 11 كارخانا تېخنىكا مەركىزى ئاساسىدا، مۇشۇ يىلدا يەنە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 10 كارخانا تېخنىكا مەركىزى ئېتىراپ قىلىندى. بۇ تېخنىكا مەركەزلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ئاپتونوم رايوندىكى چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلاردا تېخنىكا تەرەققىياتى ئاپپاراتى قۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، كارخانىلارنىڭ تېخنىكا تەرەققىياتى ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش، تەرەققىيات زاپىسى كۈچىنى ئاشۇرۇش جەھەتلەردە ياخشى ئۈلگە بولۇش ۋە يېتەكلەش رولىنى ئوينىدى. 24 كارخانا تېخنىكا مەركىزىنىڭ ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، پەن - تېخنىكىغا سېلىنغان سېلىنما 1998 - يىلدىكىدىن ئوتتۇرىچە 10% تىن كۆپرەك ئاشقان، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتى، «تەڭرىتاغ» پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، شىنجاڭ «تيەنيې» پاي چەكلىك شىركىتى، شىخەنزە «1 - ئاۋغۇست» پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، ئىلى هاراق باش زاۋۇتى قاتارلىق تايانچ كارخانىلارنىڭ سالغان مەبلىغى 30% تىن ئېشىپ كەتتى، تەخمىنەن 50% كارخانىنىڭ تەتقىقات تەرەققىياتقا ئىشلەتكەن مەبلىغىنىڭ سېتىش كىرىمىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 2% تىن ئېشىپ كەتتى، ھەمدە كاتتا مۇكاپاتلاش، تېخنىكىنى پاي قىلىپ قوشقۇزۇش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ، پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش قىزغىنلىقىنى قوزغىدى. 13 ئوقتىلىق كارخانا تېخنىكا مەركىزىنىڭ ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، تەتقىقات خادىمى 3054 كە يەتكەن، تەتقىقات تەرەققىياتقا 420 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، 94 يېڭى مەھسۇلات تەتقىق قىلىپ ئىشلەپچىقىرىلغان، 28 پاتېنت بارلىققا كەلگەن. ئىشلەپچىقىرىش - ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش يەنىمۇ كۈچەيتىلدى. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون ئالىي مەكتەپ، تەتقىقات ئورۇنلىرىدىكى مۇتەخەسسىس، پروفېسسورلارنى تەشكىللەپ كارخانىلار بىلەن 23 تۈرلۈك ھەمكارلىق مۇددىئانامىسى ھاسىل قىلدى، ئىشلەپچىقىرىش - ئۆگىنىش، تەتقىقات بىرلەشمە ئوقتىسىدىن 20 نى قۇردى. مىكرو ئېلېكترون تېخنىكىسى، ئېنېرگىيە تېجەش -

سەرپىياتنى تۆۋەنلىتىش تېخنىكىسى، مۇھەت ئاسراش تېخنىكىسى قاتارلىق 30 تۈرلۈك يېڭى تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇردى. ئاپتونوم رايون دۆلەتنىڭ 1999 - يىللىق تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش نۇقتىلىق تۈرىدىن 12 نى ئىلتىماس قىلغاندى، 10 تۈر دۆلەت تەرىپىدىن تەستىقلاندى، ئۇنىڭغا بانكىدىن بېرىلىدىغان قەرز پۇل سوممىسى 160 مىليون يۈەنگە يەتتى.

دېڭ شۈچى

## داڭلىق ماركا ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون داڭلىق ماركا ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشنى تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش خىزمىتىدىكى مۇھىم مەزمۇن قىلدى، يېقىنقى 3 يىلدا ئاپتونوم رايوندا يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش، يېڭى تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش توغرىسىدىكى يېتەكچى پىكىر ۋە 1999 - يىللىق تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش تۈرلىرى يىللىق پىلانىنى تۈزۈپ، ئالاھىدە، داڭلىق مەھسۇلات يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى كۈچەيتتى، 2 تۈركۈمدە ئالاھىدە، داڭلىق مەھسۇلات يېتىشتۈرۈش يېتەكچى مۇندەرىجىسىنى ئېلان قىلدى، ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئاچتى. نۇقتىلىق يېتىشتۈرىدىغان 20 ئالاھىدە، 20 داڭلىق مەھسۇلات تۈرىنى قاتتىق تۇتتى، تۈرنى ئادەم بېشىغا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كۈچ تەشكىللەپ، كارخانىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ياردەم بېرىپ، بۇ 20 تۈرنىڭ ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلۇشىنى كاپالەتلەندۈردى. ئالاھىدە، داڭلىق مەھسۇلاتلارنى تەشۋىق قىلىشنى كۈچەيتتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ئىقتىساد - سودا كومىتېتى ئالاقىدار ئورۇن ۋە 30 دىن ئارتۇق ئاخبارات مۇخبىرىنى تەشكىللەپ، ئالاھىدە، داڭلىق مەھسۇلاتلارنى نۇقتىلىق مەخسۇس تەشۋىق قىلىپ خەۋەر بەردى، مەھسۇلاتنىڭ تونۇلۇش نىسبىتىنى ئىرىشىپ ئۆستۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا داڭلىق مەھسۇلاتلارنى باشقۇرۇشنى ۋە ئومۇملاشتۇرۇشنى كۈچەيتتى. ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ شىنجاڭنىڭ 1998 - يىللىق 15 داڭلىق مەھسۇلاتىنى تەشۋىق قىلىپ خەۋەر بېرىشى، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ داڭلىق مەھسۇلاتلارنى ئېتىراپ قىلىپ باشقۇرۇش چارىسى»غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش، شىنجاڭدىكى داڭلىق مەھسۇلات ئىشلەپچىقارغان كارخانىلارنى 99' كۇنمىڭ دۇنيا كۆرگەزمىسىگە، مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلار داڭلىق مەھسۇلاتلىرى كۆرگەزمىسىگە، 99' مومكۋا - جۇڭگو ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلار مەھسۇلاتلىرى كۆرگەزمىسى قاتارلىق كۆرگەزمىلەرگە قاتناشتۇرۇش ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ داڭلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بازارلاردا تونۇلۇش دائىرىسىنى كېڭەيتتى. 30 خىل مەھسۇلات شىنجاڭنىڭ 1999 - يىللىق داڭلىق مەھسۇلاتى قىلىپ بېكىتىلدى.

دېڭ شۈچى

شىنجاڭنىڭ 1999 - يىللىق داڭلىق مەھسۇلاتلىرى

| كارخانا نامى | ماركىسى | مەھسۇلات نامى |
|---|---|---|
| لوپنۇر توقۇمىچىلىق (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | «بوجيالى» ماركىلىق | پاختا يىپ، پاختا رەخت |
| قۇمۇل «شىلىي» پاختا توقۇمىچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | «شىلىي» ماركىلىق | سىيتا تىتىپ تارالغان، ئادەتتىكىچە تىتىپ تارالغان ساپ پاختا يىپ |
| شىنجاڭ سانجى پاختا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | «يىنشۆ» ماركىلىق | سىيتا تىتىپ تارالغان، ئادەتتىكىچە تىتىپ تارالغان ساپ پاختا يىپ |
| جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە شۆبە شىركىتى | «تيەنچى» ماركىلىق | تېرىلىپ تالاسى |
| شىنجاڭ «تيەنيې» پاي چەكلىك شىركىتى | «تيەنيې» ماركىلىق | يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان سۇ تېجەش سۇلياۋ ئەسۋاب - ماتېرىياللىرى، سۇلياۋ پەردە، سۇلياۋ قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى |
| شىنجاڭ «تۇنخې» قەغەزچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | «ساتو» ماركىلىق | يۇرمە قەغەزلىك قەغەز يەشىك، ماشىنىدا ئىشلەنگەن تاختا قەغەز |
| شىنجاڭ «داتيەنچى» يېمەكلىك چەكلىك شىركىتى | «مەيجۇر» ماركىلىق | يۆبىلى، غەربچە پېچىنە، ماروژنى، يۇەنشياۋ |
| شىنجاڭ «جى رۇيشيالى» گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى | «رۇيشيالى» ماركىلىق | پولاتتىن ئىشلەنگەن كىتاب بۇيۇملىرى ئۇسكۇنىسى، يېزىق ئۈستىلى، ئورۇندۇق قاتارلىقلار |

| | | |
|---|---|---|
| كۆيتۇڭ يېشىل يوپۇرماق يېمەكلىك شىركىتى | «دەنچۈەن» ماركىلىق | پەمىدۇر قىيامى |
| شىنجاڭ خلورو ئاساس زاۋۇتى | «چىاڭ فىلاڭ» ماركىلىق | پولى ۋىنىل خلورىد سىمولىسى |
| شىنجاڭ خلورو ئاساس زاۋۇتى | «چىاڭ فىلاڭ» ماركىلىق | ناترىي ھىدروكسىدى |
| شىنجاڭ «تۇنخې» پولىئېستېر چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | «تۇنخې» ماركىلىق | پولىئېستېر |
| جۇڭگو نېفىت پاي چەكلىك شىركىتى مايتاغ نېفىت خىمىيە شۆبە شىركىتى | «شۇڭفار» ماركىلىق | پولى بوتادىئېن كاۋچۇك |
| جۇڭگو نېفىت پاي چەكلىك شىركىتى مايتاغ نېفىت خىمىيە شۆبە شىركىتى | «شۇڭفار» ماركىلىق | پولى پروپىلېن سىمولىسى |
| شىخەنزە شەھەرلىك سېمونت بۇيۇملىرى زاۋۇتى | «ئاق تېرەك» ماركىلىق | دۈگىلەك بېتون ستولبا |
| شىنجاڭ نېفىتلىكى قوش ھالقا گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى | «داڭقان» ماركىلىق | SF ئېتىلېن بىرىكمىلىك سۇ ئۆتكۈزمەس ئوراش ماتېرىياللىرى |
| كورلا شەھەرلىك 1 - سېمونت زاۋۇتى | «توز» ماركىلىق | سېمونت |
| جۇڭگو نېفىت پاي چەكلىك شىركىتى مايتاغ نېفىت خىمىيە شۆبە شىركىتى | «تەڭرىتاغ» ماركىلىق | نېفىت بېنزول مەھسۇلاتلىرى |
| جۇڭگو نېفىت خىمىيە پاي چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى | «بى لۇڭ» ماركىلىق | ئاپتوموبىلغا ئىشلىتىلىدىغان قوغۇشۇنسىز بېنزىن، يېنىك دىزېل، 3 - نومۇرلۇق گاز پۈركۈيدىغان يېقىلغۇ |
| جۇڭگو نېفىت خىمىيە پاي چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى | «بى لۇڭ» ماركىلىق | L — AN تولۇق خوراش ستېبىسىغا ئىشلىتىلىدىغان ماي |
| جۇڭگو نېفىت خىمىيە پاي چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى | «بى لۇڭ» ماركىلىق | تاشيولغا ئىشلىتىلىدىغان ئالىي دەرىجىلىك ئاسفالت |
| ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە شۆبە شىركىتى | «تيەنچى» ماركىلىق | ئاپتوموبىلغا ئىشلىتىلىدىغان قوغۇشۇنسىز بېنزىن |
| شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | «خۇ لىي» ماركىلىق | رېسسور چىقىرىدىغان ياپىلاق پولات، قىرلىق پولات، تۆۋەن كاربونلۇق پولاتتىن قىزىق پروكاتلانغان يۆگەلمە كەپشەر چوكىسى |
| شىنجاڭ باجاخۇ سوغۇق ئىگىپ تۇرۇبا ئىشلەش چەكلىك شىركىتى | «باجاخۇ» ماركىلىق | تۆۋەن بېسىملىق ئاقما جىسىمنى يەتكۈزۈپ بېرىشتە ئىشلىتىلىدىغان پاياتلاپ ئۇلانغان پولات تۇرۇبا |
| مايتاغ نېفىت خىمىيە ماشىنىسازلىق چەكلىك شىركىتى | «گىلتاغ» ماركىلىق | 200L ئاغزى ئېتىلگەن پولات باك |
| ئۈرۈمچى «جىيگدا» چارۋىچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | «جىنتو» ماركىلىق | يەم - خەشەك |
| ئىلى «كاڭدا» ئاشلىق ماي (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | «كاڭدا» ماركىلىق | بۇغداي ئۇنى |
| مىجۈەن شەھەرلىك ئاشلىق سېتىۋېلىش - ساقلاش شىركىتى | «مىجۈەن» ماركىلىق | گۈرۈچ |
| شىنجاڭ موڭغۇلكۈرە «تۇلپار» ئاشلىق - ياغ گۇرۇھى شىركىتى | «بېيشى» ماركىلىق | تاماققا ئىشلىتىلىدىغان ئالىي دەرىجىلىك قىچا يېغى |
| بايىنغولىن ئوبلاستى سايدۆڭ باغۋەنچىلىك مەيدانى | «سايدۆڭ» ماركىلىق | كورلا نەشپۈتى |

## بازار ئوبوروتى ئەھۋالى

1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 34 مىليارد 740 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن %6.1 ئاشتى، باھا ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە، ئەمەلىي ئېشىش نىسبىتى %10.3 بولدى.

ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بازىرىدىكى تەمىنلەش تەلەپتىن ئېشىپ كېتىش ۋەزىيىتى ئۆزگەرمىدى. ماددىي ئەشيا ئوبوروت قىلىدىغان كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى كىرگۈزۈش ئومۇمىي سوممىسى 1 مىليارد 620 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن %14.9 تۆۋەنلىدى؛ سېتىش ئومۇمىي سوممىسى 1 مىليارد 788 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %19.5 ئازايدى.

سودا بازارلىرىدىكى تاۋار مال پۈتۈشۈش سودىسى كۈندىن ـ كۈنگە جانلاندى. 1999 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ـ بازارلاردىكى ھەرخىل تاۋار سودىسى بازىرى 1430 بولۇپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن 59 ى ئازايدى؛ پۈتۈشۈش سوممىسى 18 مىليارد 850 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %8.8 ئاشتى.

پارچە ساتىدىغان دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى يەنىلا تۆۋەن ياخشىلانمىدى. توپ ۋە پارچە ساتىدىغان 30 نۇقتىلىق كارخانىنىڭ ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، ئۇلارنىڭ مۇشۇ يىلدا تاۋار سېتىشتىن قىلغان ساپ كىرىمى 1 مىليارد 445 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن %7.6 ئازايدى؛ تاۋار تىجارىتى خىراجەت نىسبىتى %5.7 بولۇپ، 1.2 پىرسەنت پوئېنتى تۆۋەنلىدى؛ زىيان ئومۇمىي سوممىسى 86 مىليون يۈەن بولۇپ، %4.4 كۆپەيدى؛ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان سېتىش سوممىسى %19 ئاشتى.

بازاردا مال باھاسى داۋاملىق چۈشتى. 1999 ـ يىلى تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى 1998 ـ يىلدىكىدىن %3.8 چۈشتى، ئاھالىلەرنىڭ ئىستېمال باھاسى %2.6 چۈشتى، مال باھاسى ئۇدا 14 ئاي چۈشۈپ، 20 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيانقى ئەڭ تۆۋەن سەۋىيىگە چۈشتى. مال باھاسىنىڭ چۈشۈپ كېتىشىگە يېمەكلىك باھاسىنىڭ زور ھەجىمدە چۈشكەنلىكى سەۋەب بولدى، 1999 ـ يىلى يېمەكلىك تۈرلىرىنىڭ ئىستېمال باھاسى 1998 ـ يىلدىكىدىن %6.8 چۈشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىقنىڭ %5.5، ياغنىڭ %3.6، گۆش ۋە گۆشتىن ئىشلەنگەن يېمەكلىكلەرنىڭ %10.2، تۇخۇمنىڭ %13.9، سۇ مەھسۇلاتلىرىنىڭ %13.4، يېڭى كۆكتاتلارنىڭ %10 چۈشتى. 13 خىل سانائەت ئىستېمال بۇيۇمى ئىچىدە گىرىم بۇيۇملىرى، كىتاب ـ ژۇرناللارنىڭ باھاسى ئۆستى؛ جۇڭگوچە، غەربچە دورا بۇيۇملىرى، يېقىلغۇ ماتېرىياللىرىنىڭ باھاسى 1998 ـ يىلدىكىگە ئوخشاش بولدى؛ ئۇنىڭدىن باشقا ماللارنىڭ باھاسى ئوخشىمىغان دەرىجىدە چۈشتى. مۇلازىمەت تۈرلىرىنىڭ باھاسى داۋاملىق ئۆستى، ئۆسۈش نىسبىتى %10.1 بولدى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ باھاسى %3 چۈشتى.

سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ زاۋۇت باھاسى چۈشۈشتىن توختاپ مۇقىملىشىشقا يۈزلەندى، لېكىن يېنىك سانائەت بىلەن ئېغىر سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ باھا ئەھۋالى ئۆزگىچە بولدى. مۇشۇ يىلدا سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ زاۋۇت باھاسى %0.2 ئۆستى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېغىر سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ باھاسى %3.2 ئۆستى؛ يېنىك سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ باھاسى %7.3 چۈشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىشتىكى باھا ئومۇمىي سەۋىيىسى 1998 ـ يىلدىكىدىن %1 چۈشتى.

تاشقى سودا تېز ئاشتى، مۇشۇ يىلدا ئىمپورت ـ ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 1 مىليارد 765 مىليون دوللارغا يېتىپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن %15.8 ئاشتى. ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 1 مىليارد 27 مىليون دوللارغا يېتىپ، %37.4 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى سودا ئېكسپورتىنىڭ 371 مىليون دوللارغا يېتىپ، %4.6 ئاشتى؛ پىششىقلاپ ئىشلەش سودىسى ئېكسپورتىنىڭ 77 مىليون دوللارغا يېتىپ، %44.3 ئاشتى؛ چېگرا ئۆتۈشتاق سودىسى ئېكسپورتىنىڭ 573 مىليون دوللارغا يېتىپ، %74.2 ئاشتى. ئىمپورت ئومۇمىي سوممىسى 738 مىليون دوللار بولۇپ، %5.1 ئازايدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى سودا ئىمپورتىنىڭ 257 مىليون دوللار بولۇپ، %14.1 ئاشتى؛ پىششىقلاپ ئىشلەش سودىسى ئىمپورتىنىڭ 24 مىليون دوللارغا يېتىپ، %20.4 ئازايدى؛ چېگرا ئۆتۈشتاق سودىسى ئىمپورتى 450 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، %54.2 ئاشتى.

دېڭ شۆچى

# نېفىت سانائىتى

## شىنجاڭ نېفىتلىكى

### ئومۇمىي ئەھۋالى

1999 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى بويىچە نېفىتنىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان گېئولوگىيىلىك

زاپىسى 1 مىليارد 806 مىليون توننىغا، تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان تەبىئىي گاز زاپىسى 92 مىليارد 450 مىليون كۇب مېتىرغا يەتتى، بارلىققا كەلتۈرۈلگەن نېفىت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 11 مىليون 200 مىڭ 800 توننىغا، تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 1 مىليارد 82 مىليون كۇب مېتىرغا يەتتى. جەمئىي 22 نېفىت - گازلىق بايقالدى. قاراماي نېفىتلىكىنى ئاساس قىلىپ 16 نېفىت - گازلىق بارلىققا كەلتۈرۈلدى. قاراماي، مايتاغدىن ئىبارەت 2 ئورۇندىكى نېفىت خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى بىر قېتىمدا 9 مىليون توننا نېفىت پىششىقلاش ۋە 140 مىڭ توننا ئېتىلېن ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى شەكىللەندۈرۈپ، دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي شىمال رايونى بويىچە دۆلەت ئىلكىدىكى ئالاھىدە چوڭ نېفىت ۋە نېفىت خىمىيە سانائىتى بىرلەشمە كارخانىسى بولۇپ قالدى. بۇ ئىدارىنىڭ 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 51 مىليارد 530 مىليون يۈەنگە، ساپ قىممىتى 35 مىليارد 63 مىليون يۈەنگە يەتتى.

1999 - يىلى نېفىتنىڭ يېڭىدىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان گېئولوگىيىلىك زاپىسىنى 80 مىليون 440 مىڭ توننىغا، تەبىئىي گاز زاپىسىنى 29 مىليارد 877 مىليون كۇب مېتىرغا، نېفىتنىڭ تىزگىنلەنگەن گېئولوگىيىلىك زاپىسىنى 73 مىليون 660 مىڭ توننىغا، تەبىئىي گازنىڭ تىزگىنلەنگەن گېئولوگىيىلىك زاپىسىنى 7 مىليارد 280 مىليون كۇب مېتىرغا، نېفىتنىڭ يېڭىدىن تەخمىنەن تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان گېئولوگىيىلىك زاپىسىنى 105 مىليون 930 مىڭ توننىغا، تەبىئىي گازنىڭ يېڭىدىن تەخمىنەن تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان گېئولوگىيىلىك زاپىسىنى 19 مىليارد 400 مىليون كۇب مېتىرغا يەتكۈزدى، 3 دەرىجىلىك زاپاسنى 300 مىليون توننىدىن ئاشۇرۇپ، جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز گۇرۇھ شىركىتى بويىچە 1 - ئورۇنغا ئۆتتى. 9 مىليون 62 مىڭ توننا نېفىت ئىشلەپچىقىرىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 350 مىڭ توننا ساپ ئاشۇردى، ئاشۇرۇش جەھەتتىمۇ گۇرۇھ شىركىتى بويىچە 1 - ئورۇنغا ئۆتتى. 1 مىليارد 580 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقاردى، 5 مىليون 680 مىڭ توننا نېفىتنى پىششىقلاپ ئىشلەپ، 3 مىليون 435 مىڭ 100 توننا تەييار ماي ئىشلەپچىقاردى، نېفىت ۋە نېفىت خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرىنى 220 خىلغا يەتكۈزدى، پىششىقلاپ ئىشلىگەن نېفىت مەھسۇلاتلىرى ۋە خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش كىرىمىنى 7 مىليارد 720 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈپ، 1998 - يىلدىكىدىن 620 مىليون يۈەن ئاشۇردى. مۇشۇ يىلدا تىجارەت ئومۇمىي كىرىمىنى 14 مىليارد 974 مىليون يۈەنگە، پايدىنى 587 مىليون 830 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى.

1999 - يىلى شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز گۇرۇھ شىركىتىنىڭ ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، قايتىدىن تەشكىللەش - تۈزۈلمە ئۆزگەرتىشنى يولغا قويۇپ، ئاساسىي كەسىپ بىلەن باشقا كەسىپلەرنى ئايرىۋەتتى، نېفىت - تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىشى، نېفىت ئايرىش خىمىيە سانائىتى، مەھسۇلاتلارنى سېتىش قاتارلىق ئاساسىي كەسىپلەرنى ئايرىپ چىقىپ جۇڭگو نېفىتچىلىكى شىنجاڭ نېفىتلىكى شۆبە شىركىتىنى قۇرۇپ، جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز پاي چەكلىك شىركىتىگە تەۋە قىلدى؛ ئاساسلىق كەسىپتىن باشقا كەسىپ قىسمىنى (داۋاملىق ساقلىنىدىغان قىسىم دەپ ئاتالدى) يەنىلا شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىدا قالدۇرۇپ، جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز گۇرۇھ شىركىتىگە قارايدىغان قىلدى. بۇ كەسىپلەر ئاساسلىقى تېخنىكا مۇلازىمىتى، ئىشلەپچىقىرىش مۇلازىمىتى، ماشىنىسازلىق پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە ئىجتىمائىي مۇلازىمەتتىن ئىبارەت 4 قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

جۇ جىلىڭ

## نېفىت ۋە گاز تەكشۈرۈش ئەھۋالى

1999 - يىلى شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى 2 يۆنىلىشلىك يەر تەۋرىتىش ئارقىلىق 3 . 2167 كىلومېتىر، 3 يۆنىلىشلىك يەر تەۋرىتىش ئارقىلىق 4 . 2565 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىنى تەكشۈردى، 180 كىلومېتىر EMAP نى ئورۇندىدى، 45 تەكشۈرۈش قۇدۇقى بۇرغىلىدى، قۇدۇق بۇرغىلاش مېتىراژى 148 مىڭ 200 مېتىرغا يەتتى. 36 قۇدۇقتىكى 105 قاتلامدا نېفىت سىناپ، 22 قۇدۇقتا سانائەت نېفىتى ۋە گاز ئېقىمى تاپتى. نېفىت، گاز تەكشۈرۈش ئارقىلىق يېڭىدىن ئېنىقلانغان، تىزگىنلەنگەن ۋە ئالدىن ئۆلچەنگەن نېفىت - گاز زاپىسىنى 300 مىليون توننىدىن ئاشۇرۇپ، يەنە تارىختا ئەڭ يۇقىرى نەتىجە ياراتتى، بىر تۈركۈم مۇھىم نەتىجىگە ئېرىشتى. موبېي نېفىتلىكىدە، شىبېيۈەن نېفىتلىك رايونىدا، شەرقىي جۇڭغار نېفىتلىك رايونىدا شۈنگدەك دۆملىما تەكشۈرۈلگەن نېفىت ئۆۋىسىنى باھالاشتا مۇھىم ئىلگىرىلەشكە ئېرىشتى، نېفىتنىڭ يېڭىدىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان گېئولوگىيىلىك زاپىسىنى 80 مىليون 440 مىڭ توننىغا، گازنىڭ يېڭىدىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان گېئولوگىيىلىك زاپىسىنى 29 مىليارد 877 مىليون كۇب مېتىرغا، نېفىتنىڭ يېڭىدىن تىزگىنلەنگەن گېئولوگىيىلىك زاپىسىنى 73 مىليون 660 مىڭ توننىغا، تەبىئىي گازنىڭ تىزگىنلەنگەن گېئولوگىيىلىك زاپىسىنى 7 مىليارد 280 مىليون كۇب مېتىرغا يەتكۈزدى. بەيجياخەي كۆتۈرۈلمىسى، جۇڭگۇەي كۆتۈرۈلمىسى، شەيتانكەرىش رايونى، شىنەن نېفىتلىكىنىڭ تاشقى دائىرىسىنى ئالدىن تەكشۈرۈشتە مۇھىم بايقاشقا ئېرىشتى؛ موسوۋەن دۆم يۈرمىسى، لۇنەن كۆتۈرۈلمىسىنىڭ

شەرقىي بۆلىكى، فۇدۇڭ يانتولوقى رايونى ۋە شىشى نېفىتلىكىنىڭ بور سىستېمىسىدا مۇھىم ئالامەتنى بايقىدى. نېفىت، تەبىئىي گاز چىقىدىغان ئورۇندىن 13 نى تاپتى، نېفىتنىڭ ئالدىن ئۆلچەنگەن گېئولوگىيىلىك زاپىسىنى 105 مىليون 930 مىڭ توننىغا، تەبىئىي گازنىڭ ئالدىن ئۆلچەنگەن گېئولوگىيىلىك زاپىسىنى 19 مىليارد 357 مىليون كۇب مېتىرغا يەتكۈزدى. بولۇپمۇ بەيجىياخەي كۆتۈرۈلمىسى، جۇڭگوۋې كۆتۈرۈلمىسىنى تەكشۈرۈشتىكى بۆسۈش ئايرىم - ئايرىم جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز گۇرۇھ شىركىتىنىڭ 1999 - يىللىق تەكشۈرۈشتە زور بايقاش بويىچە 1. دەرىجىلىك، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

جۇ ۋېيىيا

## نېفىتلىك، گازلىقلارنىڭ ئۆزلەشتۈرۈلۈشى

1999 - يىلى شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى بويىچە 9 مىليون 62 مىڭ توننا نېفىت ئىشلەپچىقىرىلىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 350 مىڭ توننا ئاشۇرۇلدى. 1 مىليارد 580 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىلىپ، 17.9% ئاشۇرۇلدى، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشتا جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز گۇرۇھ شىركىتى بويىچە 3 - ئورۇندا تۇردى.

1999 - يىلى بىر توننا نېفىتنىڭ مەشغۇلات تەننەرخى 252 يۈەندە كونترول قىلىنىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 23 يۈەن تۆۋەنلىتىلدى، نېفىت ئېلىش زاۋۇتلىرىنىڭ بىر توننا نېفىت ئېلىشتىكى مەشغۇلات تەننەرخى ئاساسىي جەھەتتىن خام چوتتىكى 168 يۈەن دائىرىسىدە كونترول قىلىندى.

مۇشۇ يىلدا جەمئىي 841 قۇدۇق بۇرغىلاندى، مېتىراژى 918 مىڭ 900 مېتىرغا يەتتى، 1 مىليون 204 مىڭ 800 توننا نېفىت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى يېڭىدىن بارلىققا كەلتۈرۈلدى. مۇشۇ يىلدا ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىغا جەمئىي 2 مىليارد 385 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 1 مىليون توننىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليارد 980 مىليون يۈەن ئىچىدە كونترول قىلىنىپ، جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز گۇرۇھ شىركىتى بويىچە بىرقەدەر يۇقىرى سەۋىيىگە يەتتى. 159 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى يېڭىدىن بارلىققا كەلتۈرۈلدى.

جۇ ۋېيىيا

## ئاساسىي قۇرۇلۇش ئەھۋالى

1999 - يىلى نېفىت ئىدارىسىنىڭ تۇراقلىق مۈلۈككە سالغان مەبلىغى 6 مىليارد 554 مىليون يۈەن بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 8.3% ئازايدى، بۇنىڭ ئىچىدە تەكشۈرۈش، ئۆزلەشتۈرۈش، نېفىت ئايرىش، يېتىش، نېفىت ۋە گاز ساقلاش - توشۇشقا بىۋاسىتە سېلىنغان مەبلەغ 5 مىليارد 194 مىليون يۈەن بولۇپ، سېلىنغان مەبلەغنىڭ 79.2% نى ئىگىلىدى.

**سىستېما قۇرۇلۇشى** 1999 - يىلى شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىنىڭ تەبىئىي گازدىن ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىش بويىچە 1 - قاتارلىق قۇرۇلۇشى، 2 - قاتارلىق قۇرۇلۇشى ئومۇمىيۈزلۈك پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

**سۇ باشلاش قۇرۇلۇشى** سۇ باشلاش قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى، بۇنىڭ ئىچىدە غەربىي غول ئۆستەڭنىڭ تەشمىسى تولۇق پۈتتى، 217 كىلومېتىرلىق ئۆستەڭ چېپىلىپ بولدى، 90% تىن كۆپرەك قىسمىغا تاش ياتقۇزۇلدى؛ شەيتانكەرىشتىن قارامايغىچە بولغان 112 كىلومېتىرلىق غول ئۆستەڭنىڭ تاش ياتقۇزۇش ۋە قوشۇمچە قۇرۇلۇشلىرىنىڭ 90% تىن كۆپرەكى تاماملاندى؛ شەھەرنى كېسىپ ئۆتكەن دەريا قۇرۇلۇشى تاماملاندى، سۇ ماڭدۇرۇش بىر قېتىمدىلا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى؛ شەھەرنىڭ غەربىدىكى سۇ ئامبىرىنىڭ ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى تولۇق پۈتتى، ھەمدە ئامبارغا سۇ قويۇپ بېرىلدى.

**تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشى** مۇشۇ يىلدا 1466 يۈرۈش تۇرالغۇ ئۆي سېلىندى، كۆلىمى 134 مىڭ 200 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. ھەر بىر ئىشچى - خىزمەتچى ئائىلىسىگە 64 كۋادرات مېتىر، كىشى بېشىغا 10.07 كۋادرات مېتىردىن توغرا كەلدى.

جۇ جىلىڭ

## پىششىقلانغان نېفىت ۋە خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش ئەھۋالى

1999 - يىلى شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى بويىچە پىششىقلاپ ئىشلەنگەن نېفىت 5 مىليون 680 مىڭ توننىغا يەتتى، ئىشلەپچىقارغان تەييار ماي 3 مىليون 435 مىڭ 100 توننىغا يېتىپ، 97 مىڭ 200 توننا ئاشتى؛ سېتىلغان نېفىت خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرى 5 مىليون 523 مىڭ توننىغا يېتىپ، 472 مىڭ توننا ئاشتى. مۇشۇ يىلدا ئىشلەپچىقارغان 90 - نومۇرلۇقتىن يۇقىرى بېنزىننىڭ نىسبىتى 65.13% كە يەتتى. قاراماي نېفىتلىكىدىلا بار بولغان ئۇيۇش نۇقتىسى تۆۋەن، نافتېن ئاساسى نېفىت بايلىقىدىن پايدىلىنىپ ئۆزلەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىلغان ئەلا سۈپەتلىك ئۇيۇش نۇقتىسى تۆۋەن سىلىقلاش مېيى، ئەلا سۈپەتلىك ترانسفورماتور مېيى، توڭلىتىش ماشىنىسى مېيى، كاۋچۇكلۇق تولدۇرۇش مېيى قاتارلىق مەھسۇلاتلارنىڭ بازىرى ئىتتىك بولدى. قاراماي نېفىت خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ سىلىقلاش مېيى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 400 مىڭ توننىدىن ئېشىپ، پۈتۈن

مەملىكەت بازارلىرىنىڭ 10 دىن بىر قىسمىنى ئىگىلەپ، مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ نافتېن ئاساسى سىلىقلاش مېيى ئىشلەپچىقىرىش بازىسىغا ئايلاندى، بىر قىسىم مەھسۇلاتلىرى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا، ياۋروپا، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلارغا ئېكسپورت قىلىندى. توڭلىتىش ماشىنىسى مېيى سېتىلىش مىقدارى جەھەتتە دۆلەت ئىچىدىكى بازارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى، ترانسفورماتور مېيى سېتىلىش مىقدارى جەھەتتە دۆلەت ئىچىدىكى بازارنىڭ 3 تىن بىر قىسمىنى ئىگىلىدى. K371 سۇس رەڭلىك مۇھىت بۇلغىمايدىغان كاۋچۇكلۇق تولدۇرۇش مېيى ئىشلەپچىقىرىلىپ، بازارنى چەت ئەل مەھسۇلاتلىرى يالغۇز ئىگىلەشتەك ۋەزىيەتنى بۇزۇپ تاشلىدى؛ يېپىشقاقلىقى يۇقىرى دەرىجىلىك MVI سىستېمىسىغا تەۋە BS پارقىرىتىش مېيى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى رىقابەتچىلەرنى بېسىپ چۈشۈپ، تېزلىكتە بازارنى ئىگىلىدى؛ قاتناش يوللىرىغا ئىشلىتىلىدىغان ئېغىر ئاسفالت قاتارلىق بىر تۈركۈم يېڭى مەھسۇلات ئىستېمالچىلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى؛ «تەڭرىتاغ» ماركىسى، «بى لۇڭ» ماركىسى شىنجاڭنىڭ تۇنجى تۈركۈمدىكى مەشھۇر ماركىسى بولۇپ باھالاندى؛ «بى لۇڭ» ماركىلىق ترانسفورماتور مېيى، توڭلىتىش ماشىنىسى مېيى قاتارلىق 5 يۈرۈش مەھسۇلات شىنجاڭنىڭ داڭلىق مەھسۇلاتى بولۇپ باھالاندى. مۇشۇ يىلدا سېتىش كىرىمى 7 مىليارد 800 مىليون يۈەنگە يەتتى.

جۇ ۋېييا

## بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

1999 - يىلى شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى بويىچە 26 قېتىم ئىشلەپچىقىرىش ۋە قاتناش ھادىسىسى يۈز بېرىپ، 10 ئادەم ئۆلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش ئۈستىدە 21 قېتىم ھادىسە يۈز بېرىپ، 5 ئادەم ئۆلدى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 495 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 5 قېتىم قاتناش ھادىسىسى يۈز بېرىپ، 5 ئادەم ئۆلدى. قۇدۇق فونتانلاپ كونتروللىسىز قىلىش ۋە قۇدۇق فونتانلاپ ئوت كېتىش ھادىسىسى ياكى باشقا ئېغىر ۋە پەۋقۇلئاددە چوڭ ھادىسە كۆرۈلمىدى، ئومۇمىي خادىم بويىچە ھەر 1000 كىشىگە توغرا كېلىدىغان ئۆلۈش نىسبىتى 0.052 بولدى، 0.07 ئىچىدە كونترول قىلىندى؛ ھەر 1000 كىشىگە توغرا كېلىدىغان ئېغىر يارىلىنىش نىسبىتى، ھەر 1000 ئاپتوموبىلغا توغرا كېلىدىغان ئۆلۈش نىسبىتى بېكىتىپ بېرىلگەن كۆرسەتكۈچ ئىچىدە كونترول قىلىندى. ئومۇمىيۈزلۈك بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىيىتى 1998 - يىلدىكىدىن ياخشى بولدى.

جۇ جىلىڭ

## پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى

1999 - يىلى شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى پەن - تېخنىكىغا 87 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، پەن - تېخنىكا تۈرىدىن 122 نى ئورۇنلاشتۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتنىڭ پەن - تېخنىكىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىدىغان 2 تۈرى، جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز گورۇھ شىركىتىنىڭ پەن تەتقىقات تۈرىدىن 11 ى، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىنىڭ نۇقتىلىق پەن - تېخنىكا تۈرىدىن 109 ى بار. مۇشۇ يىلدا پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى قوللىنىش نىسبىتى %95 كە، پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنىڭ مەھسۇلاتقا ئايلىنىش نىسبىتى %60 كە، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ تۆھپە نىسبىتى %50 تىن كۆپرەككە، پەن - تېخنىكا ئارقىلىق كۆپەيتىلگەن نېفىت مەھسۇلاتى 226 مىڭ تونىغا يەتتى. 12 تۈر ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 3 تۈر، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 6 تۈر، 4 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 3 تۈر؛ 7 تۈر گورۇھ شىركىتىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى بىر تۈر، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 6 تۈر؛ شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى ئۆز ئالدىغا بېكىتكەن مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا نەتىجىسى 147، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى بويىچە باھالاپ رىغبەتلەندۈرۈلگەن پەن - تېخنىكىدا چوڭ بۆسۈش بولغان ۋە سىرتتىن كىرگۈزۈپ ئۆزلەشتۈرۈلگەن شۇنىڭدەك ئومۇملاشتۇرۇپ قوللىنىلغان چوڭ تۈر 7. پاتېنت ھوقۇقى بېرىلگىنى 9 تۈر. قاراماي نېفىتلىكى 7 - بۆلەكنىڭ شەرقىي 1 - رايونىدىكى بىرلەشتۈرۈپ ئۆزلەشتۈرۈش سانائەت سىنىقى تەتقىقاتىدا ئىلگىرىلەش بولدى، نەق مەيدانغا كىرىپ سىناق ئېلىپ بېرىشقا شارائىت يارىتىلدى. جۇڭغار ئويمانلىقىدىكى مۇرەككەپ گېئولوگىيىلىك شارائىتتا چوڭقۇر قۇدۇق بۇرغىلاش، ئادەتتىن تاشقىرى چوڭقۇر قۇدۇق بۇرغىلاش تېخنىكىسى قوللىنىلىپ، سەي 35 - قۇدۇقنى بۇرغىلاشتا كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى، مېخانىكىلىق بۇرغىلاش سۈرئىتى قوشنا قۇدۇقلارنىڭكىدىن %132.5 يۇقىرى بولدى. شىنجاڭ نېفىتلىكلىرىدىكى قويۇق نېفىت ۋە ئادەتتىن تاشقىرى قويۇق نېفىتنى قېزىش يېڭى تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنى قوللىنىش نەتىجىسىدە، سىناق قىلىنغان رايون بۆلەكلىرىدە سۇ تەركىبى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىدى. بۇرغىلاشتا ئىشلەتكىلى ھەم چىقىرىۋالغىلى بولىدىغان بىر يۈرۈش قۇدۇق ئاستى قوراللىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ قوللىنىش ئۇسۇلى يېقىنقى بىرنەچچە يىلدا قۇمدىن مۇداپىئەلىنىش، سۇ بېرىش، ئايرىپ نېفىت ئېلىش، بېسىم بىلەن قاتلام يېرىش ۋە توسۇش ھۈنەر -

سەنئەتتى تەدبىرلىرىدە 288 قېتىم قوللىنىلدى، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى %95 كە يەتتى، ئىستىقبالى ناھايىتى ياخشى ئىكەنلىكى نامايان بولدى. شېخىلىلىقتىكى نېفىت ئۇۋىسىنىڭ چوڭقۇر قىسمىنى سىرتتىن تېزگىنلەش تېخنىكىسى قوللىنىلغان نەق مەيداندا بىرىنچى يىلدا جەمئىي 3000 توننىدىن ئۇشۇق نېفىت كۆپ ئېلىندى، مىكرو بىئولوگىيىلىك نېفىت ئېلىش تېخنىكىسى، ئاپتوموبىل شەكلىدىكى كاچالكا ئارقىلىق نېفىت ئېلىش تېخنىكىسى قاتارلىق بىر تۈركۈم يېڭى ھۈنەر - سەنئەت، يېڭى تېخنىكىنىڭ نېفىت مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇشتىكى ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى، قوللىنىش دائىرىسى يەنىمۇ كېڭەيدى.

جۇ جىلىڭ

## تاشقى ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىقى

1999 - يىلى شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى بويىچە تاشقى ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىقى جەھەتتە 90 تۈر كىرگۈزۈلدى، توختام سوممىسى 33 مىليون 656 مىڭ دوللارغا يەتتى. كىرگۈزۈلگەن نۇقتىلىق تۈرلەر ئاساسلىقى قاراماي نېفىت خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ ھىدروگېن قوشۇش تۈرى ۋە قۇدۇق ئۆلچەش شىركىتىنىڭ «5700» تۈرى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

1999 - يىلى چەت ئەللەردىكى تۈرلەردە بىرتۇتاش رەھبەرلىك قىلىش، ئۇيۇشتۇرۇش، باشقۇرۇش ۋە ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىدە چەت ئەل تېخنىكا مۇلازىمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، سىرتقا قارىتا شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى چەت ئەل تېخنىكا مۇلازىمىتى باش شىركىتى دەپ ئاتالدى. مۇشۇ يىلدا قازاقىستاننىڭ ئاقتۆپە نېفىت - گاز پاي شىركىتى بىلەن جالايىبىر يېنىك نېفىتلىك - گازلىقىدا ئىشلەپچىقىرىش سىنىقى ئېلىپ بېرىش تېخنىكا مۇلازىمىتى توختىمى شۇنىڭدەك تولۇقلىما كېلىشىم، جالايىبىر يېنىك نېفىتلىك - گازلىقىدا قۇدۇق سىناش تېخنىكا مۇلازىمىتى توختىمى، جالايىبىر يېنىك نېفىتلىك - گازلىقىنى كىسلاتالاشتۇرۇش تېخنىكا مۇلازىمىتى توختىمى قاتارلىق توختاملارنى تۈزدى ھەمدە 1999 - يىللىق توختام ۋەزىپىسىنى تاماملىدى. جالايىبىر يېنىك نېفىتلىك - گازلىقىدا 2000 - يىلى 20 ئۈزلەشتۈرۈش قۇدۇقى بۇرغىلاش ۋە مۇناسىۋەتلىك تېخنىكا مۇلازىمىتى ۋەزىپىسىنى ھۆددىگە ئالدى. قازاقىستاننىڭ قۇۋۋات پاي تىزگىنلىگەن شىركىتى بىلەن شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىنىڭ قۇدۇق بۇرغىلاش، فىزىكىلىق تەكشۈرۈش ئەترەتلىرىنى قۇۋۋات رايون بۆلىكى جەيساڭ ۋادىسىدىكى نېفىت، گازنى تەكشۈرۈش مەشغۇلاتىغا قاتناشتۇرۇش توغرىسىدا ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالىدى. موسوۋەنىنىڭ غەربىي ۋە سۇدۇڭ - سۇشىدىكى شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىغا تەۋە 2 تەكشۈرۈش رايون بۆلىكى شۇنىڭدەك قاراماي 5 - رايوندىكى جام دەرياسى ۋە ماناسىنىڭ شىمالىدىكى 2 تەرەققىيات رايونى گۇرۇھ شىركىتىنىڭ تاشقى ھەمكارلىقتا يوشۇرۇن كۈچى بار 20 رايون بۆلىكىگە ئايلاندى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىلگىرى - ئاخىر 2 قېتىم مىسىردا قۇدۇق بۇرغىلاشقا خېرىدارلىقتا تالىشىپ ھۆددىگەرلىك توختامى تۈزۈلدى، قاتار، يەمەن قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن قۇدۇق بۇرغىلاشقا دائىر كېلىشىم ھاسىل قىلىندى.

جۇ جىلىڭ

## مۇھىت ئاسراش

1999 - يىلى شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى مۇھىت ئاسراش بويىچە نىشانلىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، ئىدارىغا قاراشلىق ھەرقايسى ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرى بىلەن يىللىق مۇھىت ئاسراش نىشانلىق مەسئۇلىيەتنامىسى ئىمزالىدى، ھەرقايسى ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىمۇ مەسئۇلىيەت كۆرسەتكۈچىنى قاتلاممۇ قاتلام پارچىلاپ سىڭ (ئەترەت)، ئىسمىنا - گۇرۇپپىلارغىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇكاپات سوممىسىغا چېتىپ سىناپ، مۇھىت باشقۇرۇش ۋە مۇھىت ئاسراش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى. گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش، قۇدۇق بۇرغىلاش، نېفىت سىناش، قۇدۇق ئاستى مەشغۇلاتى ئورۇنلىرى شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىنىڭ مۇھىت ئاسراش چارىسىدىكى تەلەپكە ئاساسەن HSE (ساغلاملىق، بىخەتەرلىك، مۇھىت ئاسراش) بويىچە باشقۇرۇش سىستېمىسىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، نېفىت تەكشۈرۈش - ئۈزلەشتۈرۈش جەريانىدىكى ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداشنى كۈچەيتتى. نېفىتلىك قۇرۇلۇشى باش شىركىتى ئاپتونوم رايون دائىرىسىدىكى ISO14000 مۇھىت باشقۇرۇش سىستېمىسىنىڭ گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكەن تۇنجى ئورۇن بولۇپ قالدى.

بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تۈزەش خىزمىتىدە بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەش بولدى. قاراماي نېفىت خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ 70 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان نېفىت ئايرىش ۋە خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا چىققان نېفىت ئارىلاش بۇلغانغان سۇنى سائىتىگە 600 كۇب مېتىردىن بىرتەرەپ قىلىش قۇرۇلمىسى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، ش ئۇ ئا ر مۇھىت ئاسراش ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈشىدە لاياقەتلىك بولۇپ، ئاپتونوم رايوندىكى نۇقتىلىق بۇلغىنىش مەنبەسىنى تۈزەشتە تۇنجى ئۆلچەمگە يەتكەن كارخانا دېگەن نامغا ئېرىشتى. 21 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، سائىتىگە 400 كۇب مېتىر قويۇق نېفىت بۇلغانما سۈيىنى بىرتەرەپ قىلىدىغان خوڭچيەن قۇرۇلمىسى پۈتۈپ ئاپتونوم رايون ۋە باش شىركەت

تەرىپىدىن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى، ئىشلەپچىقىرىشقا ئوڭۇشلۇق كىرىشتۈرۈلۈپ، قويۇق نېفىت بۇلغانما سۈيىنى ئومۇميۈزلۈك تۈزەشكە پۇختا ئاساس سېلىندى. جەرەنبۇلاق دوختۇرخانىسىنىڭ ۋىرۇسلۇق بۇلغانما سۈيىنى بىر تەرەپ قىلىش قۇرۇلمىسى قاتارلىق بىر تۈركۈم نۇقتىلىق تۈزەش قۇرۇلۇشى ئومۇميۈزلۈك پۈتۈپ، تەكشۈرۈشتىن ئۆتۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى.

مۇھىتنى كۆزىتىش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى. مۇھىت تەتقىقاتى كۆزىتىش مەركىزى پونكىتى بەيياڭخېنىڭ يەر ئۈستى سۈيى، ئاق بۇلاقنىڭ يەر ئاستى سۈيى، تۇرمۇشقا ۋە ئىچىشكە ئىشلىتىلىدىغان سۇ شۇنىڭدەك ئاتموسفېرا ۋە شاۋقۇننى ئەتراپلىق كۆزەتتى، سانائەت بۇلغىما مەنبەلىرىنى نازارەت قىلىش شەكلىدە كۆزەتتى، يېڭىدىن كېڭەيتىپ قۇرۇلغان، ئۆزگەرتىپ قۇرۇلغان بارلىق تۈرلەرنىڭ مۇھىتقا بولغان تەسىرىنى باھالاپ كۆزەتتى، مۇھىت باشقۇرۇش، بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تۈزەش ۋە مۇھىت تەتقىقاتىنى ئىلمىي ئاساس بىلەن تەمىنلىدى. شەھەرلىك مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى قەرەللىك ھالدا شەھەر مۇھىتى، ھاۋا سۈپىتى ئەھۋالىنى جەمئىيەتكە ئېلان قىلىپ تۇردى.

جۇ جىلىڭ

## يەرلىكنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش ۋە نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى

1999 - يىلى شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى ئۆزى توپلىغان 76 مىڭ يۈەن مائارىپ فوندىنى ئىشلىتىپ بورتالتوقاي ناھىيىسى، تولى ناھىيىسى، قوبۇقسار ناھىيىسىدىكى قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن ئوقۇشتىن قالغان 1100 ئوقۇغۇچىغا ياردەم بېرىپ، ئۇلارنى مەكتەپ قوينىغا قايتۇرۇپ كەلدى؛ نېفىت ئۇسد مەكتىپىگە قىممىتى 49 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەدەنىيەت تەنتەربىيە بۇيۇملىرى، كىيىم - كېچەك قاتارلىقلارنى ئىئانە قىلدى، 5000 يۈەن قىممىتىدىكى 150 يۈرۈش پارتا، ئورۇندۇقنى شۇنىڭدەك بىر قىسىم ئوقۇتۇش سايمانلىرىنى ھەقسىز ياردەم قىلدى؛ كۆپ يىللىق ئوقۇتۇش تەجرىبىسىگە ئىگە 11 ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچىنى تولى ناھىيىسىگە بېرىپ نەق مەيداندا ئوقۇتۇشقا يېتەكچىلىك قىلىشقا ئەۋەتىپ، بۇ ناھىيىنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈردى. بورتالتوقاي، تولى ناھىيىلىرىگە 8 نەپەر ناھىيە دەرىجىلىك رەھبەرنى يېتىشتۈرۈپ بەردى. مۇشۇ يىلدا قاغىلىق ناھىيىسى، تولى ناھىيىسى، قوبۇقسار ناھىيىسى، بورتالتوقاي ناھىيىسى، ئالتاي شەھىرى، قۇتۇبى ناھىيىسىدىكى ئەرشىلىدىيەن بازىرى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ۋە يول قۇرۇلۇشى قاتارلىق ئۇل مۇئەسسەسىلىرىگە 1 مىليون 750 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ بەردى، قىممىتى 1 مىليون يۈەنگە يېقىن ئاسفالت، تۇرۇبا ماتېرىياللىرى، دىزېل قاتارلىقلارنى ھەقسىز ياردەم قىلدى؛ تولى ناھىيىسىگە 7 قۇدۇق قېزىپ بەردى، بۇ ناھىيىدە شۇ يىلى 233 گېكتار تېرىلغۇ يەر كۆپىيىپ، 100 دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ كىيىم پۈتۈن - قورساق توق بولۇش مەسىلىسى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىندى؛ تولى ناھىيىسى ئېغىر چېكەتكە ئاپىتىگە ئۇچرىغاندا 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ يىغىپ ياردەم بەردى. ئۇنىڭدىن باشقا جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز گورۇھ شىركىتىگە ۋاكالىتەن بورتالتوقاي ناھىيىسىنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە پۈركۈپ سۇغىرىش قۇرۇلۇشى، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ مەدەنىيەت بىلىملىرى كەچكۇرسى ۋە تولى ناھىيىسىنىڭ دولاتى سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشىغا 7 مىليون 150 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ بەردى.

جۇ جىلىڭ

# تارىم نېفىتلىكى

## ئومۇمىي ئەھۋال

1999 - يىلى تارىم نېفىتلىكى شىركىتى بويىچە نېفىتنىڭ يېڭىدىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان، يېڭىدىن تىزگىنلەنگەن، ئالدىن ئۆلچەنگەن 3 دەرىجىلىك گېئولوگىيىلىك زاپىسى 40 مىليون 680 مىڭ توننىغا، تەبىئىي گازنىڭ يېڭىدىن ئالدىن تەكشۈرۈلگەن گېئولوگىيىلىك زاپىسى 183 مىليارد 668 مىليون كۇب مېتىرغا، ئىشلەپچىقىرىلغان نېفىت 4 مىليون 109 مىڭ 900 توننىغا، سىرتقا سېتىلغان نېفىت 3 مىليون 961 مىڭ 400 توننىغا، ئىشلەپچىقىرىلغان تەبىئىي گاز 320 مىليون كۇب مېتىرغا، پىششىقلانغان نېفىت 221 مىڭ 200 توننىغا، ئىشلەپچىقىرىلغان خىمىيىۋى ئوغۇت 150 مىڭ 400 توننىغا يەتتى.

سۇن مىڭشۇ

## ئىسلاھات ۋە باشقۇرۇش ئەھۋالى

1999 - يىلى تارىم نېفىت تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش قوماندانلىق شتابى قايتا تەشكىل قىلىنىپ تارىم نېفىتلىكى شىركىتى ۋە نېفىتلىك مۇلازىمەت شىركىتى قۇرۇلدى. نېفىتلىك مۇلازىمەت شىركىتى پارتىيە، ئامما مۇناسىۋىتى جەھەتتە نېفىتلىك شىركىتىگە تەۋە بولۇپ، پارتىيە خىزمىتى كومىتېتى بىرتۇتاش رەھبەرلىك قىلىدىغان، مەمۇرىي جەھەتتە نېفىتلىك شىركىتى ۋاكالىتەن باشقۇرىدىغان، ئىقتىسادىي جەھەتتە مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان، پايدا - زىيانغا ئۆزى مەسئۇل بولىدىغان، ئەمەلىي ئىش كۆرۈش جەھەتتە A. B

تەرەپ بولۇپ توختام تۈزۈمدە بولىدىغان بولدى. نېفىتلىك شىركىتى نېفىتلىك، گازلىقتىكى يادرو كەسپىي تارماقلاردىن تەركىب تاپتى، نېفىت - گاز تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش، سېتىش، تەتقىقاتتىن ئىبارەت 4 چوڭ قىسىم ۋە ئورگاننى ئۆز ئىچىگە ئالدى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 2010 كىشى بولدى، ئورگاندا 10 فۇنكسىيىلىك باشقارما، ئىشخانا تەسىس قىلىنىپ، شتات 122 ئادەم بولدى؛ بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار تەكشۈرۈش بۆلۈمى، ئۆزلەشتۈرۈش بۆلۈمى، نېفىتلىك قۇرۇلۇشنى باشقۇرۇش تور بۆلۈمى، سېتىش بۆلۈمى، تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش تەتقىقات يۇرتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. نېفىتلىك مۇلازىمەت شىركىتى يادرو كەسىپلەردىن باشقا كەسپىي قىسمىدىن تەركىب تاپتى، جۈملىدىن قۇدۇق بۇرغىلاش تېخنىكا مۇلازىمىتى، ماددىي ئەشيا تەمىنلەش، توشۇش - خەۋەر ئالاقە، جامائەت ئىشلىرى مۇلازىمىتى، مەدەنىيەت - مائارىپ، كۆپ مەنبەلىك ئىقتىساد قاتارلىق كەسىپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالدى، ئادىمى 2200 بولۇپ، ئورگاندا 6 باشقارما، ئىشخانا تەسىس قىلىندى، 58 شتات بېكىتىلدى. بۇ قېتىمقى قايتا تەشكىللەشتە يەنە غەربىي جەنۇبىي تارىم تەكشۈرۈش، ئۆزلەشتۈرۈش شىركىتى تارىم نېفىتلىكى شىركىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

جەنۇبىي بوگۇر، ئوتتۇرا تارىم، كۇچا قاتارلىق ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئورۇنلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ئايروپىلان ئىجارىگە ئېلىش ئازايتىلدى ۋە توختىتىلدى، مەمۇرىي بۇيرۇق ئارقىلىق باشقۇرۇش توختام ئارقىلىق باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىلدى، بۇنىڭدا 40 مىليون يۈەندىن كۆپرەك خىراجەت تېجەپ قېلىندى، پىلان شەكلىدە بىرلەشمە جەلپ ئېلىپ بېرىشتىن بازار شەكلىدە بىرلەشمە جەلپ ئېلىپ بېرىشقا ئۆزگىرىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، تۈرلۈك تەننەرخ خىراجەتلىرى زور ھەجىمدە ئازايدى. توختام ئېنىقلاش - تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، 106 توختام توختىتىلدى، قوشۇۋېتىلدى ۋە ئازايتىلدى، بۇنىڭدا 32 مىليون 260 مىڭ يۈەن خىراجەت تېجەپ قېلىندى؛ ئومۇمىي ھۆددىگەرلىك تۈزۈلمىسىنى يولغا قويۇش، قۇدۇق بۇرغىلاش تېخنىكىسىدا يېڭىلىق يارىتىشنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، ئۆزلەشتۈرۈش قۇدۇقلىرىنى بۇرغىلاشتا بۇرغىلاش تەننەرخى بىر مېتىردا 1998 - يىلدىكىدىن 351 يۈەن ئازايدى، يەككە قۇدۇقلارنىڭ قۇدۇق ئاستى مەشغۇلات خىراجىتى 1998 - يىلدىكى 950 مىڭ يۈەندىن 750 مىڭ يۈەنگە ئازايدى؛ مەبلەغ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، مەبلەغنى يۇقىرى ئۈنۈمدە ئايلاندۇرۇشنى قاتتىق تۇتۇش، قەرز قۇرۇلمىسىنى سەرخىللاشتۇرۇش ئارقىلىق، تۇراقسىز مەبلەغدىكى 600 مىليون يۈەن قەرز ئازايتىلدى، 100 مىليون دوللارلىق قەرز ئاشۇرۇپ قايتۇرۇلدى، مالىيە خىراجىتى چىقىمى ئازايدى؛ ئاممىۋى خاراكتېرلىك يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش پائالىيىتى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇلدى، بۇنىڭدا باشقۇرۇش خىراجىتى 1998 - يىلدىكىدىن 23 مىليون يۈەندىن كۆپرەك تېجەپ قېلىندى، تۆۋەنلەش نىسبىتى 8.7% بولدى. ئۆزلەشتۈرۈش سىستېمىسىنىڭ مەشغۇلات خىراجىتى 90 مىليون يۈەن تۆۋەنلىدى، نېفىتنىڭ بىرلىك تەننەرخى 532 يۈەن تۆۋەنلەپ، دوللارغا سۇندۇرغاندا بىر توننا نېفىتنىڭ تەننەرخى 8.9 دوللاردىن توغرا كېلىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 96 يۈەن تۆۋەنلىدى؛ بىر توننا نېفىتنىڭ مەشغۇلات تەننەرخى 99 يۈەن بولۇپ، دوللارغا سۇندۇرغاندا بىر توننا نېفىتنىڭ 2.5 دوللاردىن توغرا كېلىپ، 27 يۈەن تۆۋەنلىدى.

خې شياۋچىڭ

## نېفىت ۋە گاز تەكشۈرۈش

1999 - يىلى تارىم نېفىتلىكى شىركىتى 11 تەكشۈرۈش قۇدۇقىدىن سانائەت نېفىتى ۋە گاز ئېقىمى تاپتى، يېڭىدىن ئالدىن ئۆلچەنگەن تەبىئىي گاز زاپىسى 183 مىليارد 668 مىليون كۇب مېتىرغا، يېڭىدىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان نېفىت زاپىسى 30 مىليون 680 مىڭ تونناغا، يېڭىدىن ئالدىن تەكشۈرۈلگەن نېفىت زاپىسى 10 مىليون تونناغا يەتتى، قۇدۇق سىناشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى 39% كە، قۇرشالمىنى بۇرغىلاپ تەكشۈرۈشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى 30.7% كە، ھەربىر تەكشۈرۈش قۇدۇقىدىن تېپىلغان نېفىت ۋە گاز زاپىسى 3 مىليون 290 مىڭ تونناغا، بىر مېتىر مېتىراژدا ئېرىشىلگەن نېفىت ۋە گاز زاپىسى 818 تونناغا يەتتى.

1999 - يىلى كۇچا ئويۇلمىسى دابېي تۈزۈلمىسى دابېي 1 - قۇدۇقىدىن كۈنىگە 66 مىڭ 400 كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقارغىلى بولىدىغان سانائەت گازى ئېقىمى تېپىلدى، ئالدىن ئۆلچەنگەن تەبىئىي گاز زاپىسى 100 مىليارد 746 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ؛ كۇچا ئويۇلمىسىدىكى تۇزلۇق تۈزۈلمىسى تۇزلۇق 1 - قۇدۇقىدىن تېيىز قاتلامدا يۇقىرى مەھسۇلاتلىق سانائەت گازى ئېقىمى تېپىلدى، ئالدىن ئۆلچەنگەن تەبىئىي گاز زاپىسى 100 مىليارد كۇب مېتىرغا يېتىدۇ؛ ئوتتۇرا تارىم 40 - نومۇرلۇق تۈزۈلمىدىكى ئوتتۇرا تارىم 40 - قۇدۇقتىن كۈنىگە 161 كۇب مېتىر مەھسۇلات ئالغىلى بولىدىغان يۇقىرى مەھسۇلاتلىق نېفىت ئېقىمى بايقالدى. قاراسۇ 2 - گازلىقىدا 40 كۋادرات كىلومېتىرلىق گاز تەركىبلىك كۆلەم ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، گاز تۈۋرۈكىنىڭ ئېگىزلىكى 410 مېتىر، گاز قاتلىمىنىڭ ئوتتۇرىچە ئۈنۈملۈك قېلىنلىقى 128 مېتىر، گاز قاتلىمىنىڭ كۈنلۈك ئەڭ يۇقىرى

مەھسۇلاتى 1 مىليون 46 مىڭ كۇب مېتىر. مۆلچەرلىنىشىچە تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان زاپاس 200 مىليارد كۇب مېتىردىن ئاشىدۇ، بۇ، مەملىكىتىمىزدە بۈگۈنگە قەدەر بايقالغان پەۋقۇلئاددە چوڭ كۆلەملىك پەۋقۇلئاددە يۇقىرى ھوسۇللۇق، يۇقىرى بېسىملىق، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق گازلىق ھېسابلىنىدۇ؛ يەنە 2 - گازلىقتا 91 كۋادرات كىلومېتىرلىق گاز تەركىبلىك كۆلەم ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، گاز قاتلىمىنىڭ ئوتتۇرىچە ئۈنۈملۈك قېلىنلىقى 112 مېتىر بولۇپ، ئاساسىي جەھەتتىن تىزگىنلەنگەن تەبىئىي گاز زاپىسى 200 مىليارد كۇب مېتىرغا يەتتى؛ ھۇدسون نېفىتلىكىدە 66 كۋادرات كىلومېتىرلىق نېفىت تەركىبلىك كۆلەم تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى، نېفىت زاپىسى 30 مىليون 680 مىڭ توننا بولۇپ، ئوتتۇرا تىپلىق تەييار نېفىتلىك ھېسابلىنىدۇ. لۇنگۇ 8 - قۇدۇقىدىن كۈنىگە 34 كۇب مېتىر نېفىت، 114 مىڭ 500 كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقارغىلى بولىدىغان يۇقىرى مەھسۇلاتلىق سانائەت نېفىت ۋە گاز ئېقىمى تېپىلدى؛ جىنەن 5 - قۇدۇقىدا سانائەت نېفىت ئېقىمى سىناپ تېپىلىپ، مەنبىي رايونىدا نېفىت ئىزدەشنىڭ يېڭى ساھەسى ئېچىلدى؛ ياقا نېفىتلىكىنىڭ تېيىز قاتلىمىدا يەنە بىر قېتىم سىناق قىلىنىپ، كۈنىگە 39.2 كۇب مېتىر مەھسۇلات ئالغىلى بولىدىغان يۇقىرى مەھسۇلاتلىق نېفىت ئېقىمى تېپىلدى.

1999 - يىلى قۇدۇق بۇرغىلاشنىڭ ۋاقىت ئۈنۈمى 92% كە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 6.19 پىرسەنت پوئېنىت ئۆستى؛ ھادىسە ۋاقىت ئۈنۈمى 3.1% تۆۋەنلەپ، 4.07 پىرسەنت پوئېنىت چۈشتى.

خې شياۋچىڭ

## نېفىت ۋە گاز ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

1999 - يىلى تارىم نېفىتلىكى شىركىتى بويىچە 4 مىليون 109 مىڭ 900 توننا نېفىت ئىشلەپچىقىرىلىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 187 مىڭ توننا ساپ ئاشتى؛ 320 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز، 12 مىڭ 500 توننا سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز، 16 مىڭ 300 توننا يېنىك نېفىت ئىشلەپچىقىرىلىپ، مەھسۇلات زور ھەجىمدە ئاشتى. غەربىي جەنۇبىي تارىم شىركىتى 154 مىڭ 100 توننا نېفىت، 244 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقاردى، 221 مىڭ 200 توننا نېفىتنى پىششىقلاپ ئىشلىدى، 150 مىڭ 400 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت، 13 مىڭ 100 توننا سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز ئىشلەپچىقاردى، يېنىك نېفىتنى يىغىۋېلىش نىسبىتى 82.6% كە يەتتى.

(1) جەنۇبىي بۈگۈر قاتارلىق 5 چوڭ ئاساسىي نېفىتلىكتە نېفىت ئۆزۈسى ئىنچىكە تەسۋىرلىنىپ، تەڭشەش، يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش لايىھىسى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، تۆۋەن ئۈنۈمدە ئۆزلەشتۈرۈش بىرلىكلىرى دەسلەپكى قەدەمدە تۈگىتىلدى. دۆڭقوتان نېفىتلىكى تۈنجى قېتىم يىلىغا 600 مىڭ توننا نېفىت ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسىگە يەتتى، ئوتتۇرا تارىم 4 - نېفىتلىكى ئۆزى يۇقىرى سۈرئەتتە نېفىت ئالغان ئەھۋال ئاستىدا، 1 مىليون 580 مىڭ توننا مەھسۇلات ئېلىپ، پىلاندىكىدىن 80 مىڭ توننا ئاشۇردى، ئوتتۇرا تارىم 16 - نېفىتلىكى 420 مىڭ توننا نېفىت ئېلىش سەۋىيىسىنى ساقلاپ قالدى، داۋانچى نېفىتلىكى ئۆزى 2 يىل مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ ئىشلەپچىقاردى، جەنۇبىي بۈگۈر نېفىتلىكى تەڭشەش - يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىشتا كۆرۈنەرلىك نەتىجە قازاندى.

(2) كۆچمە تەكشۈرۈش ئۆزلەشتۈرۈش سالمىقى ئۈزلۈكسىز زورايتىلىپ، زاپاس مىقدارىنى ئاشۇرۇپ مەھسۇلاتنى كۆپەيتىشتە ئۈنۈم كۆرۈنەرلىك بولدى. مۇشۇ يىلدا 18 دەسلەپكى ئۆزلەشتۈرۈش قۇدۇقى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، يېڭى قۇدۇقلارنىڭ زاپىسى 6 مىليون 600 مىڭ توننىغا يېتىپ، شۇ يىلى 525 مىڭ توننا نېفىت ئىشلەپچىقىرىلدى. جەنۇبىي بۈگۈردىكى نېفىتلىك توپلىسى توغرىسىدىكى چۈشەنچىنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق، جەنۇبىي بۈگۈر قايتىلانما نېفىت ۋە گاز توپلاشقان رايون دېگەن يېڭى كۆزقاراش تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇلدى؛ دەسلەپكى تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈشنى نېفىت ئۆزۈسىنى ئىنچىكىلەپ تەسۋىرلەشكە بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق، نېفىت ئۆزۈسىنى كەڭ چوڭقۇرلۇقتا تۆۋەن دائىرىلىك دەسلەپكى تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ بىر قەدەر سىستېمىلىق تەرتىپى شەكىللەندۈرۈلدى.

(3) ئىشلەپچىقىرىشنى تەشكىللەش، باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، نېفىت مەھسۇلاتىنىڭ مۇقىم بولۇشى ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ئالدىنقى سەپنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى تەشكىللەش پائال كۈچەيتىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش يوشۇرۇن كۈچلىرى زور كۈچ بىلەن قېزىلدى، قۇدۇقلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئىشلەش ۋاقىت ئۈنۈمى 85.6% كە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 5.7 پىرسەنت پوئېنىت ئۆستى؛ گاز بىلەن كۆتۈرۈلگەن قۇدۇقلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئىشلەپچىقىرىش ۋاقىت ئۈنۈمى 91.6% كە يېتىپ، 10.5 پىرسەنت پوئېنىت ئۆستى.

لى جىن

## ئاساسىي قۇرۇلۇش ئەھۋالى

1999 - يىلى تارىم نېفىتلىكى شىركىتى 63 ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرىدە ئىش باشلىغاندى، 61 تۈرنى پۈتتۈردى. ئاساسلىق تۈرلەردىن ياقا يېنىك نېفىتلىك - گازلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشى، جەنۇبىي بۈگۈر گاز يېقىلغۇ گېنېراتورلۇق ئېلېكتر ئىستانسىسى، جەنۇبىي بۈگۈر

80 مىڭ توننىلىق يېنىك ھىدرو كاربونلاردىن ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىش قۇرۇلۇشى، جەنۇبىي بۇگۇر ئۇنىۋېرسال ئىشخانا بىناسى، ئوتتۇرا تارىم سۇ بېرىش سىستېمىسىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى، سانتام ۋە «ئازادلىق» ئۆستەڭنىڭ شەرقىدىكى نېفىتلىككە سۇ بېرىش ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى، غەربىي جەنۇبىي تارىم چوڭ ئوغۇت زاۋۇتى قۇرۇلۇشى، ماكانلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى، بازىنىڭ تەبىئىي گازنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى قاتارلىقلار بار.

سۇن مىڭشۇ

## نېفىت سېتىش ئەھۋالى

1999 - يىلى تارىم نېفىتلىكى شىركىتى 3 مىليون 961 مىڭ 400 توننا نېفىت سېتىپ، سېتىش كىرىمىنى 3 مىليارد 577 مىليون يۈەنگە، پايدىنى 810 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈپ، كىرىمنى 1998 - يىلدىكىدىن 779 مىليون يۈەن ئاشۇردى، 700 مىليون يۈەندىن كۆپرەك باج تاپشۇردى.

لى جىن

## پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى

1999 - يىلى تارىم نېفىتلىكى شىركىتى 17 تەتقىقات نەتىجىسىدە دۆلەت، ئاپتونوم رايون ۋە گۇرۇھ شىركىتىنىڭ پەن - تېخنىكا نەتىجىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە بىر تۈر دۆلەتنىڭ 3 - دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، 2 تۈر ئاپتونوم رايوننىڭ 2 - دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا، 4 تۈر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا، 2 تۈر 4 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا، 2 تۈر گۇرۇھ شىركىتىنىڭ 1 - دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا، 2 تۈر 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا، 4 تۈر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 2 كىشى گۇرۇھ شىركىتىنىڭ تۆمۈر ئادەم پەن - تېخنىكا نەتىجە مۇكاپاتى بويىچە كۈمۈش مېدال ۋە مىس مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. نېفىتلىك شىركىتىگە قاراشلىق ئورۇنلار ئىلتىماس قىلغان 92 پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى ئىچىدىن نېفىتلىك شىركىتى پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغان 10 تۈرنى، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغان 36 تۈرنى باھالاپ چىقتى.

1999 - يىلى دۆلەت ۋە گۇرۇھ شىركىتىنىڭ 9 - بەش يىللىق پىلانىدىكى 12 چوڭ پەن - تېخنىكا تۈرىدە ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ئوڭۇشلۇق بولدى. دۆلەتنىڭ پەن - تېخنىكىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش تۈرى «تارىم نېفىتلىكىدە تەبىئىي گاز تەكشۈرۈش» تېمىسىدا كۆپ تارماق، كۆپ پەنلەر بويىچە بىرلىشىپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق قاراسۇ، ئۆچكىلىك قۇرۇلمىسىنىڭ ھالىتى ئاساسىي جەھەتتىن ئېنىقلاپ چىقىلدى، قاراسۇ چوڭقۇر تۈزۈلمە بەلۋېغى بايقالدى، بۇرغىلاپ تەكشۈرۈشكە بولىدىغان 8 قۇرشالما ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. گۇرۇھ شىركىتىنىڭ تېمىسى — «قۇملۇق نېفىتلىكىنى بىئولوگىيىلىك كۆكەرتىپ قۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش» تۈرىدە زور يۈكسىلىش بولدى، ئوتتۇرا تارىم نېفىتلىكىنى كۆكەرتىش بەلۋېغى ۋە مىكرو بىئولوگىيىلىك قۇمدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈلگە قۇرۇلۇشى قۇرۇپ چىقىلدى. يەۋقولئادە چوڭقۇرلۇقتا گورىزونتال قۇدۇق قېزىش، ئۇزۇن كالونىسىز قۇدۇق بۇرغىلاش تېخنىكىسى نېفىتلىكلەرنى ئۆزلەشتۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىدى، بىر تۈركۈم يۇقىرى تەلەپلىك گورىزونتال قۇدۇق، ياندىن بۇرغىلانغان تۆشۈكلۈك گورىزونتال قۇدۇق، قوش پەلەمپەيلىك گورىزونتال قۇدۇق، ئۇزۇن كالونىسىز گورىزونتال قۇدۇق بۇرغىلىنىپ، بەك نېپىز نېفىت ئۈۋىسى، ئالاھىدە نېفىت ئۈۋىسىنى يۇقىرى ئۈنۈملۈك قىلىپ ئۆزلەشتۈرۈشتىكى قىيىن مەسىلە ھەل قىلىندى، گورىزونتال قۇدۇقلار تارىم نېفىتلىكىنى ئېچىشتىكى مۇئىتىزىم ۋاستە بولۇپ قالدى. يېنىك گازلىقنى ئۆزلەشتۈرۈش يېڭى تېخنىكىسى ياقا نېفىتلىكىنى ئېچىش - قۇرۇشقا بىۋاسىتە سەۋەبچى بولدى، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىمۇ زور تەسىر قوزغىدى.

1998 - يىلدىن قالغان 6 تۈرنىڭ ھەممىسى ئورۇندالدى. ياقا يېنىك نېفىتلىك ۋە گازلىقىدا قۇدۇق بۇرغىلاش ھۈنەر - سەنئىتىدە ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش تۈرىدە يەككە قۇدۇقلارنىڭ ئوتتۇرىچە قۇدۇق بۇرغىلاش دەۋرىيلىكى 100 كۈندىن كۆپرەك قىسقىراپ، 11 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ تېجەپ قېلىندى؛ دوملىما تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈشنى يۈرۈشلەشتۈرۈش تېخنىكىسى كۈندىن - كۈنگە پىشىپ، قارامايى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ئۇلاشتۇرۇش يېڭى قۇرۇلۇشى ئىشلەنمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، نېفىتلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مۇقىم ئېشىشى كاپالەتلەندۈرۈلدى؛ كۇچا تاغ ئالدى ئادەتتىن تاشقىرى يۇقىرى بېسىمدا سىناش تېخنىكىسىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق، ئادەتتىن تاشقىرى يۇقىرى بېسىملىق قۇدۇقلارنى سىناشتىكى قىيىن مەسىلە ھەل قىلىندى، قاراسۇ 2 - گازلىقىدا 10 مىليون يۈەندىن كۆپرەك نېفىت سىناش تەننەرخى تېجەپ قېلىندى؛ كۇچا ئويۇلمىسىدىكى قۇدۇق بۇرغىلاشنى يۈرۈشلەشتۈرۈش تېخنىكىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات نەتىجىسى تاغ ئالدى قىيالىق قۇرۇلمىسىدا قىڭغىر بۇرغىلاشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، تېز بۇرغىلاش تېخنىكىسىدىكى قىيىن مەسىلىنى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلدى، بۇنىڭ بىلەن قۇدۇق بۇرغىلاشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى %100 كە يەتكۈزۈلدى، قۇدۇق بۇرغىلاش سۈرئىتى %49 ئۆستۈرۈلدى.

1999 - يىلى 11 تەتقىقات تۈرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، بۇلار ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتىدە زور رول ئوينىدى. كۇچا ئويۇلمىسى يېڭى رايون بەلۋېغى ئۈستىدىكى تەتقىقات ئارقىلىق بىر تۈركۈم نۇقتىلىق قورشالما تېزدىن ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، شىمالىي تۈزلۈق 2 - قاتارلىق بىر تۈركۈم بۇرغىلاپ تەكشۈرۈش نىشانى ئوتتۇرىغا قويۇلدى؛ ئوتتۇرا تارىم رايونىدىكى يەر تەۋرىنىش تەتقىقات نەتىجىسى ئوتتۇرا تارىم 40 - قۇدۇقنى تەكشۈرۈشكە مۇۋەپپەقىيەتلىك يېتەكچىلىك قىلدى، ئوتتۇرا تارىمنىڭ شىمالىي يانتۇلۇقىنى تەكشۈرۈشتە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشقا نىشان كۆرسىتىپ بەردى؛ كۇچاتاغ ئالدى قىيالىق تۈزۈلمىسىدىكى يەر تەۋرىنىش تەتقىقات نەتىجىسى بۇرغىلاپ تەكشۈرۈش نىشانىنى ئىنتايىن توغرا كۆرسىتىپ بەردى ۋە تۈزلۈق 1 - قۇدۇقىدىكى زور بايقاشقا سەۋەبچى بولدى.

لى جىن

# تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى

## كارخانا ئىسلاھاتى

1999 - يىلى تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكىدە يادرو كەسىپلەر بىلەن يادرو بولمىغان كەسىپلەر ئايرىۋېتىلدى؛ مالىيە، مۈلۈك، قەرز ئايرىم تۇرغۇزۇلدى، خادىملار، قوشۇن ۋە ئورگان بېكىتىلىپ، بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىنىپ، تەقلىدىي يوسۇندا ئىش كۆرۈلۈپ، ئايرىم ھېسابات قىلىنىپ، ئىدىيە مۇقىم، قوشۇن مۇقىم، خىزمەت مۇقىم، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىيىتى مۇقىم بولدى. قايتا تەشكىللىگەندىن كېيىن تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىك شىركىتىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى 3760 كىشىگە يەتتى؛ تۇرپان - قۇمۇل نېفىت تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش قوماندانلىق شتابىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى 16 مىڭ 119 كىشىگە يەتتى.

زېي خۇڭگو، جۇ شياۋلۇڭ

## نېفىت، گاز تەكشۈرۈش ئەھۋالى

1999 - يىلى تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى نېفىت، گاز تەكشۈرۈشنى 3 تەكشۈرۈش تۈرىگە بۆلۈپ (سەنتاڭخۇ ئويمانلىقىدىكى خېيىمخەتىرى بار تەكشۈرۈش تۈرى، شىمالىي تەيزە ئويۇلمىسىدىكى ئۆزى باشقۇرۇۋاتقان ساناەت تەكشۈرۈش تۈرى شۇنىڭدەك تۇرپان - قۇمۇل ئويمانلىقىدىكى ئۆزى باشقۇرۇۋاتقان رايوننى باھالاپ تەكشۈرۈش تۈرى) ئورۇنلاشتۇرۇپ ۋە باشقۇرۇپ، ئالدى بىلەن 21 تەكشۈرۈش تۈرىنى تاللاپ تەكشۈردى. مۇشۇ يىلدا 2 يۆنىلىشلىك يەر تەۋرىنىش ئارقىلىق 2732.66 كىلومېتىر، 3 يۆنىلىشلىك يەر تەۋرىنىش ئارقىلىق 118.15 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىنى تەكشۈردى، VSP ئارقىلىق 2 قۇدۇقنى ئۆلچىدى؛ 22 قۇدۇقنى تەكشۈردى، ئومۇمىي مېتىراژى 57 مىڭ 674 مېتىرغا يەتتى، 16 قۇدۇقتىكى 42 قاتلامدا نېفىت سىنىدى؛ تەكشۈرۈش قۇرۇلۇشىغا 382 مىليون 850 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى. مۇشۇ يىلدا ساناەت نېفىتى ۋە گاز ئېقىمى بار 5 قۇدۇقنى تاپتى. 1999 - يىلى 19 قورشالمىنى ئالدىن تەكشۈردى ۋە باھالىدى، 5 قورشالمىدىكى 10 قۇدۇقتا ساناەت نېفىتى ۋە گاز ئېقىمى تاپتى، قۇدۇق تەكشۈرۈشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى %35.7 كە، قورشالمىنى ئالدىن تەكشۈرۈشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى %25 كە، نېفىتنىڭ يېڭىدىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان گېئولوگىيىلىك زاپىسى 12 مىليون 850 مىڭ توننىغا، نېفىتنىڭ يېڭىدىن تىزگىنلەنگەن گېئولوگىيىلىك زاپىسى 25 مىليون 510 مىڭ توننىغا، نېفىتنىڭ يېڭىدىن ئالدىن تەكشۈرۈلگەن گېئولوگىيىلىك زاپىسى 18 مىليون 560 مىڭ توننىغا، تەبىئىي گازنىڭ يېڭىدىن ئالدىن تەكشۈرۈلگەن گېئولوگىيىلىك زاپىسى 1 مىليارد 542 مىليون كۇب مېتىرغا يەتتى. تەكشۈرۈش خىزمىتىدە 3 بايقاش، 2 ئىلگىرىلەش ۋە بىر ئالاھىدىلىكتىن ئىبارەت يېڭى نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلدى. پىچان يايسىمان بەلۋېغىدىكى شەڭبې 1 - نومۇرلۇق ترىشاس سىستېمىسىدا ساناەت نېفىت ئېقىمى تېپىلدى، نېفىتنىڭ يېڭىدىن ئالدىن ئۆلچەنگەن گېئولوگىيىلىك زاپىسى 12 مىليون 460 مىڭ توننىغا يەتتى، چوڭقۇر قاتلامدا نېفىت، گاز ئۇۋىسى بايقالدى؛ سەنتاڭخۇ ئويمانلىقىدا ماجۇڭ، خېيدۇڭدىن ئىبارەت 20 مىليون توننىلىق نېفىت، گازغا تويۇنغان 2 بەلۋاغ بايقالدى. يەمشى، نيۇچۇەنخۇ تۈزۈلمىسىنى باھالاش يۈزىسىدىن تەكشۈرۈشتە مۇھىم ئىلگىرىلەش بولدى، يەمشى قۇرۇلمىسىدا نېفىتنىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان ئەلا سۈپەتلىك گېئولوگىيىلىك زاپىسى 11 مىليون 390 مىڭ توننىغا يەتتى، تۈزۈلمە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ چوڭايتىلدى؛ نيۇچۇەنخۇ تۈزۈلمە بەلۋېغىدا 3 قۇدۇقتا ساناەت نېفىت ئېقىمى تېپىلدى ۋە يېڭى نېفىت قاتلىمى بايقالدى، 100 مىليون توننىغا يېقىن تۆۋەن مەھسۇلاتلىق زاپاس تىزگىنلەندى. شىمالىي تەيزە يۇرا سىستېمىسىدا نېفىت، گاز ئۇۋىسىنى تەكشۈرۈش چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، لەمجىن 3 -، گاداتېي 8 - قۇدۇقىدا ساناەت نېفىت ئېقىمى تېپىلدى، يالقۇنتاغ 2 - قۇدۇقىدا ياخشى ئالامەت بايقالدى، يالقۇنتاغ تۈزۈلمە بەلۋېغىنى تەكشۈرۈشتە مۇھىم ئالامەت بايقالدى.

زېي خۇڭگو، جۇ شياۋلۇڭ

## نېفىتلىك، گازلىقلارنى ئۆزلەشتۈرۈش ئەھۋالى

1999 - يىلى تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى ئۆزلەشتۈرۈش

خىزمىتىدە، نېفىتلىكنىڭ ئوتتۇراسۇ تەركىبلىك مەزگىلدە قېزىلىۋاتقانلىقى، 3 ئاساسلىق نېفىتلىكنىڭ سۇ تەركىبىنىڭ ئۆرلەش سۈرئىتى بىلەن پەللىمۇ پەللە ئازىيىش سۈرئىتىنىڭ تېزلەشكەنلىكىدەك ئەمەلىي ئەھۋالغا بىرلەشتۈرۈپ، نېفىتلىكنى تەڭشەش سالمىقىنى زورايتتى، نۇقتىلىق ھالدا قۇدۇق تورىنى زىچلاشتۇرۇش، قەۋەت بىلەن سىستېمىنى ئۆز ئارا تولۇقلىتىش، ئومۇمىي گەۋدە بويىچە تەڭشەش، قەۋەت سىستېمىلىرىنى ئىنچىكىلەپ ئايرىش، سۇ بېرىش قۇدۇقلىرىغا بېرىلىدىغان سۇنى كۆپەيتىش قاتارلىق ھۈنەر ـ سەنئەت تەدبىرلىرىنى چۈرۈدەپ، 629 قېتىم نېفىت ـ سۇ قۇدۇقى تەدبىرى ئۆيۈشتۈردى، 640 قۇدۇق ـ قېتىم ھالەت كۆزەتتى. مۇشۇ يىلدا يېڭى بۇرغىلانغان قۇدۇقلاردىن 158 مىڭ 600 توننا نېفىت ئېلىندى، تەدبىر كۆرۈش ئارقىلىق نېفىت مەھسۇلاتى 327 مىڭ توننا ئاشتى، ئايرىم ـ ئايرىم مەھسۇلات ئومۇمىي مىقدارىنىڭ %5.38 نى ۋە %11 نى ئىگىلىدى؛ تەدبىر كۆرۈش ئارقىلىق 327 مىڭ كۇب مېتىر سۇ كۆپەيتىپ بېرىلدى. نېفىتلىكنىڭ سۇ تەركىبى ئۆرلەش نىسبىتى %4.2 كېچىدە، ئۇنۇۋېرسال سۇ تەركىبى %35.2 تە، تەبىئىي پەللىمۇ پەللە ئازىيىش نىسبىتى %17.83 تە، ئۇنۇۋېرسال پەللىمۇ پەللە ئازىيىش نىسبىتى %6.29 تە تىزگىنلىنىپ، سۇ تەركىبى ئۆرلەش ۋە پەللىمۇ پەللە ئازىيىش سۈرئىتىنىڭ تېزلىشىشى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەندى. مۇشۇ يىلدا 2 مىليون 950 مىڭ 800 توننا نېفىت، 834 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز، 133 مىڭ 400 توننا سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز ئىشلەپچىقىرىلدى.

بايقالغان نېفىت، گاز رايونى مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، دومىلىما تەكشۈرۈش سالمىقى زورايتىلدى، 6 قۇدۇق دومىلىما تەكشۈرۈلدى، مېتىراژى 15 مىڭ 900 مېتىرغا يەتتى، 679 كۋادرات كىلومېتىر دائىرە، قايتا 3 يۆنىلىشلىك تەكشۈرۈلدى، 8 پايدىلىق قورشالما بايقالدى، يېڭىدىن دومىلىما تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان نېفىت زاپىسى 12 مىليون 850 مىڭ توننىغا يەتتى. يەمشى نېفىتلىكىنى دومىلىما تەكشۈرۈشتە نېفىت تەركىبلىك كۆلەم 1.8 كۋادرات كىلومېتىردىن 3.6 كۋادرات كىلومېتىرغا كېڭەيدى، زاپاس مىقدار 1 مىليون 900 مىڭ توننىدىن 11 مىليون 390 مىڭ توننىغا كۆپەيدى، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنىڭ كۆلىمى 30 مىڭ توننىدىن 120 مىڭ توننىغا كۆپىيىپ، مەھسۇلاتنى ئۇلاشتۇرۇش يېڭى رايونغا ئايلاندى. يېنىك ھىدروكاربون ئىشلەپچىقىرىشدا ھۈنەر ـ سەنئەت پارامېتىرلىرى سەرخىللاشتۇرۇلدى، تەبىئىي گازنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئاققۇزۇش ۋە بىرتەرەپ قىلىش ھۈنەر ـ سەنئىتىدە تېخنىكا ئۆزگەرتىلدى، ئاساسلىق قۇرۇلمىلارنىڭ ئىشلەش نىسبىتى %92 تىن كۆپرەككە يەتتى، تەبىئىي گازنى بىرتەرەپ قىلىش قۇرۇلمىسىنىڭ ئىشلەش ۋاقىت ئۈنۈمى %93 كە يېتىپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن 3 پىرسەنت پونكىت ئۆستى، يېنىك ھىدرو كاربون مەھسۇلاتلىرىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %100 كە يەتتى، يېنىك ھىدروكاربون ئىشلەپچىقىرىش ۋە قۇرۇلمىنى باشقۇرۇش پۈتۈن ساھە بويىچە ئىلغار سەۋىيىدىكىلەر قاتارىغا كىردى.

زەي خۇڭگو، جۇ شياۋلۇڭ

## نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلار ۋە يورۇشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشلىرى

1999 ـ يىلى شەرقىي ئىدىرلىق، يېڭىسار 8 ـ يېنىك گازلىقىنىڭ يەر ئۈستى قۇرۇلۇشىدا 1998 ـ يىلقى مەركەزلەشتۈرۈپ ئاققۇزۇش سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى تاماملانغان ئاساستا، ئۇنىڭغا يورۇشلەشتۈرۈپ شەرقىي ئىدىرلىق كۈنىگە 1 مىليون كۇب مېتىر نېفىت ـ گاز بىرتەرەپ قىلىش زاۋۇتى قۇرۇپ چىقىلىپ، 10 ـ ئايدا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خىسلەتلىك بولاق كۈنىگە 200 مىڭ كۇب مېتىر گازنى بىرتەرەپ قىلىش قۇرۇلمىسى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىدا ئىدىرلىق نېفىتلىكى شىمالىي ئېغىز نېفىت ئۈۋىسىدىكى يىلىغا 100 مىڭ توننىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ۋە لەمجىن نېفىتلىكىدىكى يىلىغا 40 مىڭ توننا نېفىت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ئاساس قىلىندى، 200 مىڭ توننا نېفىت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى بارلىققا كەلتۈرۈلدى. يېڭىسار نېفىتلىكىدىن گاز يۆتكەش قۇرۇلۇشى، ئىدىرلىق نېفىتلىكىدىكى سەنجاپار نېفىت ئۈۋىسىغا يۇقىرى بېسىمدا سۇ بېرىش قۇرۇلۇشى، باقتا نېفىتلىكىدىكى نېفىت ـ سۇ سىستېمىسىنى ئۆزگەرتىش ـ كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى شۇنىڭدەك ئىدىرلىق LPG قۇرۇلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش قاتارلىق يورۇشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشلىرى پىلان بويىچە ئورۇندىلىپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، يورۇشلەشتۈرۈش ئىقتىدارى يەنىمۇ ئۆستى. مۇشۇ يىلدا 3089 يورۇش تۇرالغۇ ئۆي سېلىندى.

زەي خۇڭگو، جۇشياۋلۇڭ

## پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى

1999 ـ يىلى تۇرپان ـ قۇمۇل نېفىتلىكى تەتقىقات، تېخنىكىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ۋە يېڭى تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش تېمىسىدىن 96 نى ئورۇندىدى، تېمىنى ئورۇنداش نىسبىتى %100 بولدى، 14 تۈر ئۆلكە ـ مىنىستىرلىك دەرىجىلىك پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى (گۇرۇھ شىركىتى دەرىجىلىك 6 تۈر، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 8 تۈر). تەتقىقاتقا 91 مىليون 771 مىڭ 500 يۈەن مەبلەغ سېلىندى (بۇنىڭ ئىچىدە تەتقىقات ۋە

تېخنىكىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشقا سېلىنغىنى 18 مىليون 651 مىڭ 500 يۈەن، تەتقىقات باشقۇرۇش خىراجىتى 73 مىليون 120 مىڭ يۈەن)، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىپ 135 مىليون يۈەن ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىلدى، پەن - تېخنىكىدىكى سېلىنما بىلەن ھاسىلات سېلىشتۇرمىسى 1:1.47، پەن - تېخنىكىنىڭ ئىقتىسادنى ئاشۇرۇشتىكى تۆھپە نىسبىتى %48.37 بولدى. لۈكچۈن تۈزۈلمىسى بەلۋىغىدىكى ئۆۋنغا ئايلىنىش قانۇنىيىتى تۈرى ئۈستىدىكى تەتقىقات گۇرۇھ شىركىتىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا، تۇرپان - قۇمۇل رايونىدىكى ئاسان ئېقىپ كېتىدىغان يەر قاتلىمىدا يۇقىرى ئۈنۈملۈك قۇدۇق مۇستەھكەملەش تېخنىكىسىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ۋە ئۇدا گاز بىلەن كۆتۈرۈپ نېفىت ئالىدىغان يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن قورال - سايمان ياساپ چىقىش ۋە قوللىنىش تېخنىكىسىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش تېمىسى گۇرۇھ شىركىتىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

زەي خۇڭگو، جۇ شياۋلۇڭ

## يەرلىك ئورۇنلارنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش ۋە نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى

1999 - يىلى تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى پىچاننىڭ چىقتىم بازىرى، لەمجىن بازىرىدىكى «312» دۆلەت تاشيولى ۋە پويىز ئىستانسىسى بازىرىنىڭ كوچا يولىنى كېڭەيتىپ ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىغا شۇنىڭدەك بارىكۆل ناھىيىسىنىڭ يول قۇرۇلۇشىغا 1 مىليون 830 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى؛ گۇرۇھ شىركىتى بىلەن بىرلىكتە بۆرىكۆل ناھىيىسى خۇاڭ تۇچاڭ ئايىنابۇلاق نېفىتلىك چارۋىچىلىرى يېڭى كەنتىگە 1 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى، كۈيسۇ يېزىسى ئەرشىلي كەنتىنىڭ تېجەشلىك سۇغىرىش قۇرۇلۇشىغا 1 مىليون 450 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى، تېجەشلىك سۇغىرىلىدىغان يەر 200 گېكتارغا يەتتى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بارىكۆل ناھىيىسىگە 230 مىڭ يۈەن قىممىتىدە 30 توننىدىن ئارتۇق دىزېل، بېنزىن بەردى؛ بارىكۆل نېفىت ئۈمىد مەكتىپىگە 204 مىڭ 200 يۈەن قىممىتىدە ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى ۋە پارتا تەقدىم قىلدى.

زەي خۇڭگو، جۇ شياۋلۇڭ

# غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسى

## ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت ئەھۋالى

1999 - يىلى غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسى بويىچە ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت ئومۇمىي كىرىمى 1 مىليارد 382 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %58 ئاشتى. ئىشلەپچىقىرىش قوشۇلما قىممىتى 813 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %70 ئاشتى. كارخانا جۇغلانمىسى 566 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 267 مىليون يۈەن كۆپەيدى، جۇغلىنىش نىسبىتى %70 كە يەتتى. ئومۇمىي مۈلۈك 2 مىليارد 520 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %54 ئاشتى، ساپ مۈلۈك 1 مىليارد 40 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %39.7 ئاشتى. ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى ئادەم بېشىغا يىلىغا 221 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %58.3 ئۆستى، پايدا ئومۇمىي سوممىسى 50 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدا 46 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئىقتىسادىي ھەرىكەت سۈپىتى ياخشى ئايلىنىش باسقۇچىغا كىردى.

يۈەن تاۋ

## نېفىت ۋە گاز تەكشۈرۈش ئەھۋالى

1999 - يىلى غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسى 16 بورغىنى ئىشقا سالدى (بۇنىڭ ئىچىدە 9000 مېتىرلىق بورغا بىر، 7000 مېتىرلىق بورغا 3، 6000 مېتىرلىق بورغا 12)، 12 تەكشۈرۈش قۇدۇقى بۇرغىلىدى (1998 - يىلدىن قالغان 5 قۇدۇقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، 7 تەكشۈرۈش قۇدۇقى بۇرغىلىنىۋاتىدۇ. ئورۇندالغان ئومۇمىي مېتىراژ 69 مىڭ 178.15 مېتىرغا يەتتى، ھەر ئايدا 55.42 بورغا ئىشقا سېلىندى، ئوتتۇرىچە مېخانىكىلىق بۇرغىلاش سۈرئىتى سائىتىگە 5.36 مېتىرغا، ھەر بىر بورغىنىڭ ئايلىق ئوتتۇرىچە ئۈنۈمدارلىقى 1248.25 مېتىرغا يەتتى، ساپ بۇرغىلاشتىكى ماشىنا - سائەت %32.84 نى، ياردەمچى مەشغۇلاتتىكى ماشىنا - سائەت %38.16 نى، ئالاھىدە مەشغۇلاتتىكى ماشىنا - سائەت %19.69 نى، ھادىسە ۋە باشقىلار %7.89 نى، توختىتىپ قويۇلغان ماشىنا - سائەت %1.42 نى ئىگىلىدى. جەمئىي 150 قېتىم كېرىن ئېلىندى، ئۇنىڭ جەمئىي مېتىراژى 846.3 مېتىرغا، جەمئىي كېرىن ئۇزۇنلۇقى 733.23 مېتىرغا يېتىپ، ئوتتۇرىچە كېرىن ئېلىش نىسبىتى %86.64 بولدى. 12 قۇدۇقتىكى 25 گېئولوگىيىلىك قاتلامدا سىناق ئېلىپ بېرىلدى (بۇنىڭ ئىچىدە 6 گېئولوگىيىلىك قاتلامدا ئۇزۇن كالونىز ئارىلىقتىن ھالقىتىپ سىناش ئېلىپ بېرىلدى)، 8 قۇدۇقتىكى 9 گېئولوگىيىلىك قاتلامدا كىسلاتا ئارقىلىق قاتلام يېرىش مەشغۇلاتى ئورۇندالدى. 2 قۇدۇقتا ئالاھىدە قۇدۇق ئۆلچەش تۈرى ئورۇندالدى، شايار 66 - قۇدۇقىدىكى تاشكۆمۈر سىستېمىسىدا MDT سىنىقى ئېلىپ بېرىلدى، 8 نۇقتىدا بېسىم ئۆلچەندى، 3 نۇقتىدا يورۇقلۇق ئىلمى ئارقىلىق ئاقما جىسىم ئانالىز قىلىندى، شايار 66 -، شايار 67 - قۇدۇقىدىكى ئوردوۋىك سىستېمىسىدا FMI، DSI، ARI، ،



قۇرۇلۇۋاتقان تارىم دەرياسى نېفىتلىكى شايار 48 ـ ئالاھىدە يۇقىرى مەھسۇلاتلىق قۇدۇق

جاۋ پېيجېي فوتوسى

IPL، CMR ئالاھىدە تور بويىچە قۇدۇق ئۆلچەندى.

3 يۆنىلىشلىك يەر تەۋرىتىپ 836.668 كۋادرات كىلومېتىر، 2 يۆنىلىشلىك يەر تەۋرىتىپ 1065.165 كىلومېتىر (بۇنىڭ ئىچىدە يۇقىرى دەرىجىدە پەرقلەندۈرۈش يۈزىسىدىن 2 يۆنىلىشلىك يەر تەۋرىتىپ تەكشۈرۈلگەن دائىرە 114.165 كىلومېتىر) دائىرە تەكشۈرۈلدى، 2 قۇدۇقتا VSP لىق ئۆلچەش ئېلىپ بېرىلدى، 644.29 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىنىڭ 3 يۆنىلىشلىك يەر تەۋرىتىپ تەكشۈرۈش ماتېرىيالى بىر تەرەپ قىلىندى.

1999 ـ يىلى تۇرلۇك قۇرۇلۇشلارنىڭ سۈپىتى باھالاشتا ياخشىدىن يۇقىرى بولدى، قۇدۇق بۇرغىلاشنىڭ مۇنەۋۋەرلىك نىسبىتى %10 كە، قۇدۇق خاتىرىلەشنىڭ مۇنەۋۋەرلىك نىسبىتى %38 كە يەتتى. قۇدۇق ئۆلچەشنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %95 تىن كۆپرەككە، نېفىت سىناشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى %90 تىن كۆپرەككە، فىزىكىلىق تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىنى يىغىشنىڭ ئەلالىق نىسبىتى %90 تىن كۆپرەككە يەتتى.

1999 ـ يىلى غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسى بويىچە بۇرغىلاپ بولغان 12 قۇدۇق ئىچىدە تەكشۈرۈش قۇدۇقى 9، باھالاش قۇدۇقى 3 بولۇپ، يەنە 7 قۇدۇق بۇرغىلىنىۋاتىدۇ. بۇرغىلىنىپ بولغان 9 تەكشۈرۈش قۇدۇقى ئىچىدە شايار 60 ـ، شايار 64 ـ، شايار 65 ـ، شايار 66 ـ، شايار 67 ـ قۇدۇقلاردىكى ئوردوۋىك سىستېمىسى، تاشكۆمۈر سىستېمىسىدا ئارقا ـ ئارقىدىن بۆسۈش ھاسىل قىلىندى، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق سانائەت نېفىتى، گاز ئېقىمى تېپىلدى، تەكشۈرۈش قۇدۇقلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى %55.5 كە يەتتى. باشقا قۇدۇقلاردىمۇ ياخشى نېفىت، گاز ئالامەتلىرى تېپىلدى. بۆسۈش ھاسىل قىلىشتىن ئۈمىد بار. 5 بايقاش قۇدۇقى ئورۇنلاندى، بۇ، پىلاننىڭ %125 نى ئىگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن تارىم دەرياسى 4 ـ نومۇرلۇق نېفىتلىكنىڭ دائىرىسى كېڭەيدى، ھەمدە تارىم دەرياسى 6 ـ نومۇرلۇق نېفىتلىك ـ گازلىق بايقالدى: شايار 60 ـ قۇدۇقىدا بۆسۈش بولۇپ، تارىم دەرياسى 5 ـ نومۇرلۇق نېفىتلىك ـ گازلىق بايقالدى. 1999 ـ يىلى تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان ھەم تىزگىنلەنگەن 74 مىليون 740 مىڭ توننا زاپاسنى دۆلەت زاپاس كومىتېتى رەسمىي تەستىقلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان زاپاس 35 مىليون 870 مىڭ توننا، تىزگىنلەنگەن زاپاس 38 مىليون 870 مىڭ توننا بولۇپ، يىللىق پىلاننىڭ %149 نى ئىگىلىدى. تارىم دەرياسى نېفىتلىكىدىكى نېفىت، گازنىڭ ئومۇمىي گېئولوگىيىلىك زاپىسى 146 مىليون 980 مىڭ توننا نېفىتقا باراۋەر كەلدى. بۇنىڭ ئىچىدە تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان زاپاس 107 مىليون 460 مىڭ توننا. يۇقىرى دەرىجىدە پەرقلەندۈرۈش بويىچە 2 يۆنىلىشلىك يەر تەۋرىتىپ تەكشۈرۈش تېخنىكىسىدا بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەش بولدى، بۇ دۆمپۈرمە بولمىغان نېفىت، گاز ئۈۋىسىنى تەكشۈرۈشنى تېخنىكا ۋاستىسى بىلەن تەمىنلىدى؛ دائىرىنى ئۇلاشتۇرۇپ 3 يۆنىلىشلىك يەر تەۋرىتىش سان ـ سىفىرلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشى بىلەن تارىم دەرياسى نېفىتلىك رايونىنى باھالاشقا ياخشى ئاساس سېلىندى. بىر تۈركۈم قورشالما يېڭىدىن بايقالدى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. ئاقكۆل چوقچايمىسىدىكى تىزىمغا ئېلىنغان رايوندا ئوردوۋىك سىستېمىسىدىكى نېفىت تەركىبلىك كۆلەم 720 كۋادرات كىلومېتىرغا، گېئولوگىيىلىك زاپاس كۆلىمى 500 مىليون توننىدىن كۆپرەككە يەتتى.

يۈەن تاۋ

## نېفىتلىك قۇرۇلۇشى

1999 ـ يىلى غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسى تارىم دەرياسى 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ نومۇرلۇق نېفىتلىكتە يەككە قۇدۇق ياكى كۆپ قۇدۇق تورلاشتۇرۇلغان ئاققۇزۇش لىنىيىسىدىن 8 نى قۇردى، 55.12 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا نېفىت ـ گازنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئاققۇزۇش تورۇبا لىنىيىسى قۇردى (بۇنىڭ

لىچىدە 4×108 دىئامېتىرلىق سېرىق پولى خلوروسىمولىسى قىستۇرما قىلىنىپ ئىسسىقلىقى ساقلانغان تورۋا يولى 5. 46 كىلومېتىر، 4×108 دىئامېتىرلىق نېفىت ئاسفالتى سۈرۈپ چىرىشنىڭ ئالدى ئېلىنغان تورۋا يولى 7. 8 كىلومېتىر).
7. 5 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 10 كىلوۋولتلۇق يەككە قۇدۇق توك تەقسىملەش لىنىيىسى تارتىلدى، 9 لىنىيە سۈكۈۋېتىلدى، شۇ يىلى بۇزغىلىنىپ بولغان قۇدۇقلارنىڭ لىنىيىسىنى قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇشى قۇدۇقلار بىلەن تەڭ قەدەمدە تاماملىنىپ، نېفىت ئىشلەپچىقىرىشنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشى كاپالەتلەندۈرۈلدى. 3 -، 4 - نومۇرلۇق ئۆلچەپ قوبۇل قىلىپ يوللاپ بېرىش پونكىتى قۇرۇلۇشى 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، ئورۇندالغان خىزمەت مىقدارى: يىلىغا 1 مىليون توننا سۈيۇقلۇقنى ئۆلچەپ قوبۇل قىلىپ يوللاپ بېرەلەيدىغان قىلىش پونكىتىدىن 2 سى قۇرۇلدى. پونكىتنىڭ سىرتقى سىستېمىسىدا: 6×219 دىئامېتىرلىق قارا پولى ئامىنو كۆپۈكلۈك سۇلياۋ قىستۇرما قىلىنىپ ئىسسىقلىقى ساقلانغان ماي ئاققۇزۇش لىنىيىسى 15 كىلومېتىر، 6×219 دىئامېتىرلىق قارا قىستۇرمىلىق گاز ئاققۇزۇش تورۋا لىنىيىسى 6. 4 كىلومېتىر، 10 كىلوۋولتلۇق توك ئۆزىتىش لىنىيىسى 4. 10 كىلومېتىر. بىرلەشمە پونكىتنى 1 مىليون 500 مىڭ تونىلىق قىلىپ كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى 1999 - يىل 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، ئورۇندالغان خىزمەت مىقدارى: 3 فازىلىق ئايرىغۇچ 3، ئايرىپ تۇرۇپ سوقۇلۇش زەربىسىنى ئازايتىش باكى 2، ياساپ قۇراشتۇرۇلغان تېرمو خىمىيىلىك سۇسىزلاندۇرۇش ئەسۋابى 3، ئەسلىدە قۇرۇلغان 500 مىڭ تونىلىق بىرلەشمە پونكىتقا ئۇلاشتۇرۇلىدىغان تەكشى يۈزلۈك تورۋا تورى ياساپ قۇراشتۇرۇلدى، 1000 كۇب مېتىرلىق بۆلغانما باكىدىن 2 سى ياساپ قۇراشتۇرۇلدى.

2220×2 كىلوۋاتلىق گاز قالايدىغان ئېلېكتر ئىستانسىسى، يىلىغا 2 مىليون توننا نېفىتنى مۇقىملاشتۇرۇش، كۈنىگە 300 مىڭ كۇب مېتىر تەبىئىي گازدىن يېنىك ھىدروكاربون يىغىش شۈنىگدەك تارىم دەرياسى نېفىتلىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - تۇرمۇش بازىسى قۇرۇلۇشى باشلاندى.

1999 - يىلى غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسى بويىچە يەر ئۈستى قۇرۇلۇشىغا 157 مىليون 534 مىڭ 900 يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە تارىم دەرياسى نېفىتلىكىنىڭ 2 - قارارلىق يەر ئۈستى قۇرۇلۇشىغا 12 مىليون 295 مىڭ 200 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. تارىم دەرياسى نېفىتلىكىنىڭ يەككە قۇدۇق لىنىيىسى، نېفىتلىكنىڭ مەركەزلەشتۈرۈپ ئاققۇزۇش تورۋا يولى شۈنىگدەك نېفىتلىكتىكى باشقا يەر ئۈستى قۇرۇلۇشى، رېمونت قۇرۇلۇشىغا 34 مىليون 582 مىڭ 900 يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

لىۇ چيۇڭ

## نېفىت، گاز ئۆزلەشتۈرۈش ۋە سېتىش ئەھۋالى

1999 - يىلى غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسى بويىچە جەمئىي 13 نېفىتلىك، گازلىقتا نېفىت، گاز ئىشلەپچىقىرىلدى، نېفىت تەركىبلىك 120 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىدىكى 90 مىليون 536 مىڭ 600 توننا نېفىت گېئولوگىيىلىك زاپىسىغا ئېگىش قىلىندى. نېفىت، گاز ئىشلەپچىقىرىۋاتقان قۇدۇق 71 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە نېفىت قۇدۇقى 67، گاز قۇدۇقى 4. مۇشۇ يىلدا قۇدۇقلارنىڭ ئىشقا سېلىنىش نىسبىتى %90 كە، نېفىت ئىشلەپچىقىرىۋاتقان قۇدۇقلارنىڭ سائەتلىك ئىش ئۈنۈمى %23. 93 كە يەتتى، مۇشۇ يىلدا كونا قۇدۇقلارنىڭ بالداقسىمان تەبىئىي ئازىيىشى %31. 15، كونا قۇدۇقلارنىڭ ئۈنۈمپەرسال بالداقسىمان ئازىيىشى %67. 13، ئىدارە بويىچە نېفىتنىڭ ئۈنۈمپەرسال سۇ تەركىبى %61. 33 بولدى. نېفىت، گاز ئىشلەپچىقىرىدىغان قۇدۇقتىن 23 ى كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە باھالاش يۈزىسىدىن تەكشۈرۈلگەن قۇدۇقتىن 5 ى، ئۆزلەشتۈرۈلۈپ تېخى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى شەكىللەنمىگەن قۇدۇقتىن 2 سى بار. 634 مىڭ توننا ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى يېڭىدىن قۇرۇپ چىقىلدى.

1999 - يىلى بۇرغىلانغان ئۆزلەشتۈرۈش قۇدۇقى 24، 1998 - يىلدىن قالغان قۇدۇق 5، بۇرغىلىنىپ بولغان ئۆزلەشتۈرۈش قۇدۇقى 20، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن ئۆزلەشتۈرۈش قۇدۇقى 16، تەكشۈرۈش قۇدۇقىدىن ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگىنى 5. 1999 - يىلى 1 مىليون 200 مىڭ توننا ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى كۆپەيتىلىپ، پىلان %150 ئورۇندالدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر كۈنلۈك نېفىت مەھسۇلاتى 5335 تونىغا يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %125 كۆپەيدى. نېفىت مەھسۇلاتى 1 مىليون 94 مىڭ 500 تونىغا يېتىپ، %90 ئاشتى. 185 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گازدىن پايدىلىنىلدى.

1999 - يىلى 1 مىليون 18 مىڭ 400 توننا نېفىت سېتىلىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %29. 89 ئاشتى. تاۋارلىشىش نىسبىتى %93 كە، سېتىش كىرىمى 822 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئوتتۇرىچە بىر توننا نېفىتنىڭ قۇدۇق ئاغزىدىكى سېتىلىش باھاسى (باجنى ئىچىگە ئالىدۇ) 807 يۈەن بولدى.

لىۇ چيۇڭ

## پەن - تېخنىكا خىزمىتى

(1) دۆلەتنىڭ پەن - تېخنىكىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش

تۈرى بولغان تارىم ئويمانلىقىدا نېفىت، گاز تەكشۈرۈش تېمىسىدىن (111 ـ 99) 2 سى تۈرغۇزۇلدى؛ بۇلار: تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى قەدىمكى ھايات ئېراتېمى كاربوناتلىق جىنسىتىكى نېفىت، گاز ئۆۋىسىنىڭ شەكىللىنىش قانۇنىيىتى ئۈستىدىكى تەتقىقات ۋە تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى كاربوناتلىق جىنسىتىكى نېفىت، گاز تەكشۈرۈش تېخنىكىسى ئۈستىدىكى تەتقىقاتتىن ئىبارەت، كاربوناتلىق جىنسىتىكى زاپاس قاتلىمىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇنىڭدەك قورشالمىنى باھالاش، ئۆۋىغا ئايلىنىش تارىخى ۋە ئۆۋىغا ئايلىنىش مېخانىزمى ئۈستىدە ئايرىم ـ ئايرىم تەتقىقات ئېلىپ بېرىلدى. مارالبېشى قەدىمكى ھايات ئېراتېمى كاربوناتلىق جىنسىتىكى نېفىت ۋە گازنىڭ ئۆۋىغا ئايلىنىش قانۇنىيىتى توغرىسىدىكى تەتقىقات، تارىم دەرياسى نېفىتلىكى كابوناتلىق جىنسىتىكى نېفىت ۋە گاز ئۆۋىسىدىكى نېفىت ئۆۋىسىنى تەسۋىرلەش ۋە كاربوناتلىق جىنسىتىكى زاپاس قاتلىمىنى فىزىكىلىق تەكشۈرۈشنىڭ يېڭى تېخنىكىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات، تەڭپۇڭسىز بېسىمدا قۇدۇق بۇرغىلاش تېخنىكىسى، كاربوناتلىق جىنسىتىكى زاپاس قاتلىمىدا قۇدۇق بۇرغىلاشنى ئورۇنداش شەكلى ئۈستىدىكى تەتقىقات، كاربوناتلىق جىنسىتىكى نېفىت، گاز سىناش تېخنىكىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات قاتارلىق 8 تېمىدا سىستېمىلىق ئۈتكەلگە ھۇجۇم قىلىندى.

(2) «شىنشىڭ» شىركىتىنىڭ تەتقىقات تۈرى. دۆلەتنىڭ پەن ـ تېخنىكىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش نۇقتىلىق تۈرىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسى «شىنشىڭ» شىركىتىنىڭ 2 چوڭ يېڭى ساھەنى تەكشۈرۈش ئۇسۇلىغا دائىر تېخنىكا تۈرىنى زىممىسىگە ئالدى، بۇلار: شىمالىي تارىم رايونىدىكى دۆم پۆرمە بولمىغان رايوننى تەكشۈرۈش نىشانى شۇنىڭدەك ئۇسۇلى ئۈستىدىكى تەتقىقات ۋە شىمالىي تارىم رايونىدىكى تۇز گاستى تۈزۈلمە تەسۋىرى ھاسىل قىلىش تېخنىكىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات شۇنىڭدەك كاربوناتلىق جىنسىتىكى زاپاس قاتلىمىنى ئۆزگەرتىش تېخنىكىسى ۋە قېزىلما بايلىقلارنى قوغداش تۈرىدىكى گورىزونتال قۇدۇق تېخنىكىسىنى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت.

(3) غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسىنىڭ تەتقىقات تۈرى. ئىشلەپچىقىرىش، تەتقىقاتتا يولۇققان ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئىدارە كونتروللۇقىدا بىر تۈركۈم قىسقا، ئادەتتىكى، تېز تەتقىقات تۈرلىرى تۇرغۇزۇلدى.

پەن ـ تېخنىكىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش تۈرلىرىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى ھايات ئېراسى دېڭىز فاتسىيىلىرىنىڭ نېفىتقا ئايلىنىش نەزەرىيىسى تەرەققىي قىلدۇرۇلدى ۋە غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسى كاربوناتلىق جىنىس ساھەسىدە نېفىت، گاز تەكشۈرۈش ئۆزلەشتۈرۈش تېخنىكىسى سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈرۈلدى. 1. تارىم ئويمانلىقىدىكى دېڭىز فاتسىيىلىرىنىڭ نېفىتقا ئايلىنىش ئالاھىدىلىكى يەكۈنلەندى، ئۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى بىرىكمە دەستىلەنگەن ئويمانلىقتا نېفىتقا ئايلىنىش؛ كۆپ دەۋرلەر جەريانىدا پەيدا بولغان، ساقلانغان نېفىت، گاز قاتلىمى؛ كۆپ باسقۇچتا نېفىت ھاسىل بولۇپ ئاخىرقى باسقۇچتا ئۆۋىغا ئايلىنىش؛ نېفىت، گازنى يىراق ئارىلىقتا يۆتكەش؛ كۆپ نېفىت ھاسىل بولۇش ئەندىزىسى قاتارلىقلارنى ئىچىگە ئالىدۇ. 2. غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسىنىڭ تارىم ئويمانلىقىدىكى كاربوناتلىق جىنىس ساھەسىدە نېفىت، گاز تەكشۈرۈش ـ ئۆزلەشتۈرۈش تېخنىكا سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە تۇرغۇزۇلدى، بۇلار: باغلىنىشلىق جىسىملار تېخنىكىسى؛ ئامپلىتۇدا ئارقىلىق ئېلىش تېخنىكىسى؛ دولقۇن تولۇق قارشىلىقى ئىنۋېرسىيە تېخنىكىسى؛ ئىزۋاتورى بىلەن ئەندىزىنى پەرقلەندۈرۈش تېخنىكىسى؛ ئىشەنچلىك ھىدرو كاربونلارنى ئۆلچەش تېخنىكىسى؛ STRAT بىلەن AIMS نى بىرلەشتۈرۈپ ئىنۋېرسىيىلەش تېخنىكىسى؛ يۇقىرى پەرقلەندۈرۈش دەرىجىسىدە يەر تەۋرىتىپ تەكشۈرۈش تېخنىكىسى؛ مەنپىي بېسىمدا قۇدۇق بۇرغىلاش تېخنىكىسى؛ گورىزونتال قۇدۇق بۇرغىلاش تېخنىكىسى، قۇدۇق تاماملاش، قۇدۇق مۇستەھكەملەش ھۈنەر ـ سەنئەت تېخنىكىسى؛ قۇدۇق سىناش، قۇدۇق ئۆلچەش تېخنىكىسى؛ كاربوناتلىق جىنسىتىكى زاپاس قاتلىمىنى كىسلاتا ئارقىلىق يېرىپ ئۆزگەرتىش تېخنىكىسىدىن ئىبارەت.

1999 ـ يىلى غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسى ئورۇندىغان «تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى سىنىئان ـ ئوردوۋىك سىستېمىسىدىكى زاپاس يېپىنچا شارائىتى ۋە نېفىت، گاز يىغىلىش شارائىتى ئۈستىدىكى تەتقىقات» ئاپتونوم رايوننىڭ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ۋاڭ گۇيچۈەن

# جەنۇبىي تارىم دەرياسى تەكشۈرۈش شىركىتى

## ئومۇمىي ئەھۋالى

خېنەن نېفىت تەكشۈرۈش ئىدارىسى 1993 ـ يىل 9 ـ ئايدا يەنجى ئويمانلىقىدىكى خېيىمخەتىرى بار تەكشۈرۈش تۈرىگە خېرىدارلىقتا تاللىنىپ، شۇ يىلى تارىم خېنەن تەكشۈرۈش

شىركىتى قۇرۇلدى. 1999 - يىلى شىركەت ئورگىنى ئاستىدا تەكشۈرۈش بۆلۈمى، ئۆزلەشتۈرۈش بۆلۈمى، ئۇنىۋېرسال ئىشخانا، ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسى، تىجارەت ئىشخانىسى، مالىيە ھېساب ئۆزۈش مەركىزى تەسىس قىلىنىپ، 50 شتات بېكىتىلدى. نېفىتلىكنىڭ ئىچكى قىسمىدا يەنجى ئويمانلىقىدىكى نېفىت، گاز تەكشۈرۈپ ئۆزلەشتۈرۈش بىرلەشمە جېڭگە قۇدۇق بۇرغىلاش شۆبە شىركىتى، فىزىكىلىق تەكشۈرۈش شۆبە شىركىتى، قۇدۇق خاتىرىلەش شۆبە شىركىتى، قۇدۇق ئۆلچەش شۆبە شىركىتى، نېفىتلىك قۇرۇلۇشى شۆبە شىركىتى، ترانسپورت شۆبە شىركىتى، ماددىي ئەشيا تەمىنلەش - سېتىش شۆبە شىركىتى، سىناپ قېزىش شۆبە شىركىتى، تەتقىقات شۆبە يۇرتى، لايىھىلەش شۆبە يۇرتى، سۇ - ئېلېكتر شۆبە شىركىتى، نېفىت ئېلىش ھۈنەر - سەنئىتى شۆبە ئورنى، ئوت ئۆچۈرۈش چوڭ ئەترىتى، ماشىنىسازلىق رېمونت شۆبە شىركىتى، ئالاھىدە مەشغۇلات شۆبە شىركىتى قاتارلىق 15 ئورۇن قاتناشتى. 4 قۇدۇق بۇرغىلاش ئەترىتى، 2 يەر تەۋرىتىش ئەترىتى، 2 نېفىت سىناش ئەترىتى، بىر مەشغۇلات ئەترىتى، بىر سىناپ قېزىش ئالاھىدە ماشىنا ئەترىتى، بىر نېفىت ئېلىش ئەترىتى، بىر ئۆلچەپ نېفىت سىناش ئەترىتى، بىر بىرلەشمە پونكىت، 3 قۇدۇق ئۆلچەپ تۆشۈك ئېچىش ئەترىتى، 4 ئۇنىۋېرسال قۇدۇق خاتىرىلەش ئەترىتى، 6 نېفىتلىك قۇرۇلۇشى ئەترىتى، 3 ترانسپورت ئوتتۇرا ئەترىتى قاتارلىق كەسپىي قوشۇنى بار، ئىشچى - خىزمەتچىسى 1356 (ئادىسى ئەڭ كۆپ بولغاندا 2300 دىن ئاشىدۇ).

جاۋ يۈنفاڭ

## نېفىت، گاز تەكشۈرۈش ئەھۋالى

يەنجى ئويمانلىقى تارىم ئويمانلىقى بىلەن تۇرپان - قۇمۇل ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، كۆلىمى 13 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. 1993 - يىل 11 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلغان. 1994 - يىل 8 - ئايدا باۋلاڭسۇم تۈزۈلمىسىدىكى تۇنجى تەكشۈرۈش قۇدۇقى بولغان يەنجى پارامېتىر 1 - قۇدۇقىنىڭ (قۇدۇق چوڭقۇرلۇقى 4016.06 مېتىر) سەنگۇڭ دەرياسى گۇرۇپپىسىدا يۇقىرى مەھسۇلاتلىق نېفىت، گاز ئېقىمى تېپىلدى (كۈنىگە 72.08 كۇب مېتىر نېفىت، 139 مىڭ 500 كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئېلىندى). شۇنىڭ بىلەن باۋلاڭ نېفىتلىكى بارلىققا كەلدى. 1995 - يىل 5 - ئايدا باۋلاڭسۇم تۈزۈلمىسىنىڭ شىمالىي قىسىم يۇقىرى نۇقتىدىكى باۋ 1 - قۇدۇقىنىڭ شەنياۋ گۇرۇپپىسىدا سىناق قىلىپ سانائەت نېفىتى، گاز ئېقىمى تېپىلدى. شۇنىڭ بىلەن باۋلاڭ نېفىتلىكىدىكى نېفىت تەركىبلىك كۆلەم (باۋلاڭسۇمنىڭ شىمالىي رايون بۆلىكى) يەنىمۇ كېڭەيدى. شۇ يىلى 8 - ئايدا بۇمبۇت تۈزۈلمىسىدىكى يەنجى 2 - قۇدۇقىنىڭ سەنگۇڭ دەرياسى گۇرۇپپىسىدا سىناق قىلىنىپ سانائەت نېفىتى، گاز ئېقىمى تېپىلىپ، بۇمبۇت نېفىتلىكى بايقالدى. 1998 - يىلى بۇمبۇتنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى شەرقىي بۇمبۇت تۈزۈلمىسىدىكى تۇ 3 - قۇدۇقىدا سىناق قىلىپ سانائەت نېفىتى، گاز ئېقىمى تېپىلىپ، شەرقىي بۇمبۇت نېفىت تەركىبلىك رايونى بايقالدى. 1999 - يىلى شەرقىي بۇمبۇت رايونىدىكى تۇ 301 - قۇدۇقتا سىناق قىلىپ نېفىت، گاز ئېقىمى تېپىلىپ، بېكىتىلگەن تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان زاپاس 8 مىليون 750 مىڭ توننىغا يەتتى (نېفىت مىقدارىغا سۇندۇرغاندا). شەرقىي بۇمبۇت رايونىدىكى نېفىت تەركىبلىك كۆلەم تېخىمۇ كېڭەيدى. 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر نېفىتنىڭ جەمئىي تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان گېئولوگىيىلىك زاپىسى 41 مىليون 720 مىڭ توننىغا يەتتى (نېفىت مىقدارىغا سۇندۇرغاندا). بۇنىڭ ئىچىدە نېفىت زاپىسى 31 مىليون 228 مىڭ توننا، تەبىئىي گاز 10 مىليارد 490 مىليون كۇب مېتىر.

بار ماتېرىياللارغا ئاساسەن ئويمانلىقتا تەقلىد قىلىش ۋە نېفىت، گاز بايلىقىنى باھالاش ئارقىلىق، يەنجى ئويمانلىقىدىكى يۇرا سىستېمىسى ئاساسلىق مەقسەت قاتلىمى قىلىندى، يۇرا سىستېمىسىدىكى نېفىت بايلىقى 293 مىليون توننا، تەبىئىي گاز بايلىقى 93 مىليارد 500 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ، ئۇنى نېفىت، گاز ئومۇمىي بايلىق مىقدارىغا سۇندۇرغاندا 386 مىليون توننا بولىدۇ. بۇ ئويمانلىق تۈزۈلمە جەھەتتە ئاساسەن مۇنداق 2 ئويۇلما بىر كۆتۈرۈلمىگە بۆلۈنىدۇ: شىمالىي تەرىپى خېجىڭ ئويۇلمىسى بولۇپ، كۆلىمى 6000 كۋادرات كىلومېتىردىن كۆپرەك كېلىدۇ، يۇرا سىستېمىسى يەر قاتلىمى كەمچىل؛ ئوتتۇرا قىسمى مەركىزىي كۆتۈرۈلمە؛ جەنۇبىي قىسمى باغراش ئويۇلمىسى بولۇپ، ئاساسلىق تەكشۈرۈپ نېفىت ئىزدەيدىغان رايون ھېسابلىنىدۇ.

جاۋ يۈنفاڭ

## نېفىت، گاز ئۆزلەشتۈرۈش ئەھۋالى

1996 - يىل 2 - ئايدىن 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە باۋ 1 - قۇدۇقىدا سىناق تەرىقىسىدە نېفىت قېزىلدى، يەنجى ئويمانلىقىدا جەمئىي 230 مىڭ توننا نېفىت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى بارلىققا كەلتۈرۈلدى، نېفىت مەھسۇلاتى 1996 - يىلدىكى 13 مىڭ 800 توننىدىن 1999 - يىلى 229 مىڭ 800 توننىغا ئۆرلىدى، جەمئىي 602 مىڭ 600 توننا نېفىت ئىشلەپچىقىرىلدى.

نېفىتلىكنى ئۆزلەشتۈرۈشنى چۆرىدەپ، باۋلاڭ نېفىتلىكى بىرلەشمە پونكىتى (300 مىڭ توننىلىق) شۇنىڭدەك سۇ

بېرىش سىستېمىسى قۇرۇلۇشى، بۇلغانما سۇنى بىر تەرەپ قىلىش سىستېمىسى قۇرۇلۇشى، نېفىت مۇقىملاشتۇرۇش قۇرۇلمىسى، يېنىك ھىدرو كاربون يىغىۋېلىش قۇرۇلمىسى، تەبىئىي گازنى يېقىلغۇ قىلىدىغان 10 مىڭ كىلوۋاتلىق ئېلېكتر ئىستانسىسى قاتارلىق يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

جاۋ يۈنفاڭ

## يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى

1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر جەنۇبىي تارىم دەرياسى تەكشۈرۈش شىركىتىنىڭ تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 921 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى. نېفىت، گاز تەكشۈرۈش، ئۆزلەشتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىركەت ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىيات ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ، ئاساسىي قۇرۇلۇشنى يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشلىرىنى كۈچەيتىپ، مەبلەغ چىقىرىپ، باۋلاڭ نېفىتلىكىدىكى نېفىت رايونىنىڭ 15.64 كىلومېتىر تاشيولىنى ياسىدى، تەتقىقات، ئىش بېجىرىش، ئىشچى - خىزمەتچىلەر تۇرمۇشى بىر گەۋدە قىلىنغان باغراش ئۆزلەشتۈرۈش بازىسى، يەنجى ئۇنىۋېرسال تەتقىقات بازىسى، باۋ 1 - قۇدۇقى ئىشچى - خىزمەتچىلەر تۇرمۇش نۇقتىسى قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنى پۈتتۈرۈپ ئىشلىتىشكە باشلىدى، يەنجى ئويمانلىقىدىكى نېفىت، گاز تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈشنى داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇشقا شارائىت ھازىرلاندى.

جاۋ يۈنفاڭ

## يەرلىك ئورۇنلارنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش ئەھۋالى

(1) يېزا - كەنت يوللىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى. 1996 - يىلى 20 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ چىقىرىپ باۋلاڭ نېفىتلىك رايونىنىڭ 15.64 كىلومېتىر تاشيولىنى ياسىدى، 1997 - يىلى يېزا - كەنت يوللىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈپ يۇقىرى دەرىجىلىك يول ياساشقا 800 مىڭ يۈەن چىقىرىپ يەنجى ناھىيىسى يۇڭنىڭ يېزىسىنىڭ 9 كىلومېتىرلىق يېزا، بازار يولىنى ياسىدى، ئىلگىرى - ئاخىر 3 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىپ 100 كىلومېتىردىن ئارتۇق يېزا - كەنت يوللىرىنى ياسىدى ۋە ئۆزگەرتتى، بۇنىڭ بىلەن ھەم نېفىتلىك بىلەن يەرلىكنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىغا ئاسانلىق تۇغۇلدى، ھەم شۇ جاينىڭ قاتناش شارائىتى ياخشىلاندى.

(2) كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا ئاتلىنىپ، يەنجى، باغراشتىن ئىبارەت 2 ناھىيىنىڭ كەلكۈنگە قارشى تۇرۇپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە ئاكتىپ قاتناشتى، بۇنىڭغا سېلىنغان ماددىي كۈچ، مالىيە كۈچىنى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 2 مىليون يۈەندىن كۆپرەككە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1996 - يىلى 485 مىڭ يۈەن، 1998 - يىلى 430 مىڭ يۈەن، 1999 - يىلى 1 مىليون 400 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك سېلىندى.

(3) شەھەر مەمۇرىي قۇرۇلۇشىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى ۋە مۇھىت ئاسراش قۇرۇلۇشى. 1997 - يىلى 1 مىليون يۈەن چىقىرىپ، يەنجى ناھىيىسىنىڭ يۇندا چىقىرىۋېتىش قۇرۇلۇشىنى ئىشلىدى، 1 مىليون يۈەن مەبلەغ چىقىرىپ بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ مۇھىت ئاسراشتىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇشى بولغان خۇاڭشۈيگۇدىكى كىرەكسىز سۇدا قومۇش ئۆستۈرۈپ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى ئىشلىدى. نېفىت ئۆزلەشتۈرۈش جەريانىدا بىللە پەيدا بولغان گاز بايلىقىدىن تولۇق پايدىلىنىش ئۈچۈن، 1993 - يىلى 48 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ 10 مىڭ كىلوۋاتلىق تەبىئىي گاز ئېلېكتر ئىستانسىسىنى قۇرۇپ چىقىپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈردى، 39 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ چىقىرىپ، 20 مىڭ كۇب مېتىر سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز ئىشلەپچىقىرالايدىغان قۇرۇلمىنى قۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈردى، بۇلار بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ شىمالىدىكى 4 ناھىيىنىڭ ئېنېرگىيە قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاپ، كىرەكسىز گازدىن بولغان بۇلغىنىشنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەشتە ئىجابىي رول ئوينىدى.

(4) نامراتلارنى يۆلەش ۋە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرى. خېجىڭ ناھىيىسى كۆكگۆسىنغول يېزىسىدىكى نامراتلارنى يۆلەشكە ئىلگىرى - ئاخىر 400 نەچچە مىڭ يۈەن چىقاردى، شۇ جاينىڭ مائارىپ، داۋالاش، سەھىيە، ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش قاتارلىق پاراۋانلىق ئىشلىرىغا 100 مىڭ يۈەن چىقاردى.

(5) باج ۋە ماتېرىيال، ئىشچى ئىشلىتىش ئەھۋالى. 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر جەمئىي 48 مىليون يۈەندىن كۆپرەك باج تاپشۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شۇ جاينىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش جەريانىدا لازىم بولغان ماتېرىيال، ھەرخىل بۇيۇم، ئەمگەك كۈچى، ئارقا سەپ مۇلازىمىتى قاتارلىقلارنى پرىنسىپ جەھەتتىن شۇ جايدىن ئالدى. 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر نېفىتلىكنىڭ تۈرلۈك ئىشلارغا سالغان مەبلىغى 1 مىليارد 780 مىليون يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي خىراجەتنىڭ %40 — %50 بويىچە ھېسابلىغاندا يەرلىككە بەرگەن خىراجەت 800 مىليون يۈەن ئۆپچۆرىسىگە يەتتى.

جاۋ يۈنفاڭ

## ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى

### ئومۇمىي ئەھۋالى

1999 - يىلى سابىق ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى ۋە ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتىدىن ئىبارەت 2 مۇستەقىل ئورۇن قىلىپ ئايرىۋېتىلدى. يېڭىدىن قۇرۇلغان ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى شىركىتى جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز گۇرۇھ شىركىتى پاي تىزگىنلىگەن جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ ئاستىدىكى رايون شۆبە شىركىتى بولدى. ھازىرقى تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 7 مىليارد 900 مىليون يۈەن بولۇپ، سابىق ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىنىڭ ئومۇمىي مۈلكىنىڭ %85 نى ئىگىلىدى. ئۈرۈمچى نېفىت - خىمىيە سانائىتى شىركىتىنىڭ ھازىر 4762 ئىشچى - خىزمەتچىسى بار. 9 باشقارما، ئىشخانا تەسىس قىلىندى، ھەمدە 9 قاراشلىق ئورۇن بار، بۇلار: نېفىت ئايرىش زاۋۇتى، خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتى، خىمىيىۋى تالا زاۋۇتى، تېرموئېلېكتر ئىستانسىسى، ئۆلچەپ تىزگىنلەش مەركىزى، خام ماتېرىيال ئىشخانىسى، تىجارەت شىركىتى، تەتقىقات ئورنى، «شىنفىڭ» شىركىتى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. نېفىت ئايرىش زاۋۇتىدا جەمئىي 13 يۈرۈش قۇرۇلما بار؛ خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتى يىلىغا 600 مىڭ توننا بىرىكمە ئاممىياك، 1 مىليون 40 مىڭ توننا ئورېيا ئىشلەپچىقىرالايدىغان ئىقتىدارنى شەكىللەندۈرۈپ، مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ ئازوت ئوغۇتى بازىسىنىڭ بىرىگە ئايلاندى؛ خىمىيىۋى تالا زاۋۇتىدا ھازىر 4 يۈرۈش قۇرۇلما بار بولۇپ، غەربىي شىمال رايونى بويىچە ئەڭ چوڭ خىمىيىۋى تالا كارخانىسى بولۇپ قالدى؛ تېرموئېلېكتر ئىستانسىسىدا ھازىر 3 يۈرۈش گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى بار بولۇپ، يىللىق توك ھاسىل قىلىش ئىقتىدارى 112 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى. نۆۋەتتە ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى شىركىتى 6 چوڭ تۈردە 68 خىل نېفىت خىمىيە سانائىتى خىمىيىۋى تالا مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرالايدۇ، مۇلۇك ۋە تېخنىكا جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى كۈچلۈك.

1999 - يىلى ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى شىركىتى زاۋۇتقا 3 مىليون 214 مىڭ توننا نېفىت كىرگۈزۈپ، 3 مىليون 326 مىڭ توننا نېفىتنى پىششىقلاپ ئىشلىدى، 2 مىليون 413 مىڭ 800 توننا يېنىك نېفىت ئىشلەپچىقاردى، 1998 - يىلدىكىدىن 34 مىڭ 700 توننا ئاشۇردى.

ئورېيا ئومۇمىي مەھسۇلاتى 1 مىليون 203 مىڭ تونندا يېتىپ، 312 مىڭ 300 توننا ئاشتى، مەملىكەت بويىچە ئوخشاش خىلدىكى خىمىيىۋى ئوغۇت كارخانىلىرى ئىچىدە ئەڭ ياخشى سەۋىيە ياراتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان ئورېيا 632 مىڭ 700 توننا بولۇپ، قۇرۇلما ئۇدا 9 يىل پۇختا ئىشلىدى؛ 2 - خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان ئورېيا 570 مىڭ 300 تونندا يېتىپ، مۆلچەرتىن بىر ئاي بۇرۇن تۈنجى قېتىم مەھسۇلاتنى ئۆلچەمگە يەتكۈزدى.

خىمىيىۋى تالا مەھسۇلاتىدا سېتىلىشقا قاراپ مەھسۇلات پىلانلاپ، جەمئىي 5 مىڭ 900 توننا ئۈزۈن تالا، 18 مىڭ 300 توننا قىسقا تالا، 72 مىڭ 500 توننا PTA، 54 مىڭ 100 توننا پولىئېستېر ئىشلەپچىقاردى؛ تېرموئېلېكتر ئىستانسىسى جەمئىي 631 مىليون كىلوۋات سائەت توك ھاسىل قىلدى.

مۇشۇ يىلدا سېتىش كىرىمىنى 5 مىليارد 544 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈپ، 1998 - يىلدىكىدىن 780 مىليون يۈەن ئاشۇردى. مۇشۇ يىلدا سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە) 3 مىليارد106 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈپ، 368 مىليون يۈەن ئاشۇردى. 693 مىليون يۈەن باج تاپشۇرۇپ، 16 مىليون 270 مىڭ يۈەن ئاشۇردى. گۇرۇھ شىركىتى بېرىدىغان نېفىت باھا پەرقى تولۇقلىمىسىنى قوشقاندا 1999 - يىلى ئۈرۈمچى نېفىت - خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتىنىڭ ئىچكى قىممىتىدىكى پايدىسى 55 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

مۇشۇ يىلدا تۇراقلىق مۈلۈككە 201 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سالغىنى 64 مىليون 650 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سالغىنى 136 مىليون يۈەن.

تيەن يۇڭ

### كارخانا باشقۇرۇش ئەھۋالى

1999 - يىلى ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەتنى ئۇيۇشتۇرۇش، باشقۇرۇشقا، بازارنى ئىگىلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەستايىدىل ماسلاشتۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى بازارنى زىچ چۆرىدەپ ئېلىپ بېرىپ، ئەڭ زور دەرىجىدە ئىقتىسادىي ئۈنۈم ياراتتى. بازار تەلىپىنى قانائەتلەندۈرۈش ئۈچۈن 100 - نومۇرلۇق يول ئاسفالتى، رەڭلىك تىرىلېن تالاسى قاتارلىق يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئۆزلەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقاردى. كۈندىلىك باشقۇرۇشتا بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى باشتىن ئاخىر 1 - ئورۇنغا قويۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى پىلانلاش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، تەمىنلەش

ۋە سېتىشنى شۇنىڭدەك مەھسۇلات سۈپىتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى تىزگىنلەشنى قاتتىق تۇتتى، خىراجەت چىقىمىنى قاتتىق تىزگىنلەپ، يوشۇرۇن كۈچلەرنى زور كۈچ بىلەن قېزىپ، 1999 - يىلى شىركەت تىزگىنلىگىلى بولىدىغان خىراجەت ۋە مالىيە خىراجىتىنى 1998 - يىلدىكىدىن 14 مىڭ 200 يۈەن ئازايتتى.

مەھسۇلات سۈپىتىنى باشقۇرۇش جەھەتتە شىركەت ISO9002 سۈپەت گۇۋاھلىقىدا 3 - تەرەپنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى، شىركەتنىڭ ھەرقايسى قۇرۇلمىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى قەتئىي تۈردە ISO9002 سۈپەت سىستېمىسى بويىچە باشقۇرۇلۇپ، مەھسۇلات سۈپىتىنى باشقۇرۇش خىزمىتى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلدى، ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى شىركىتىنىڭ «بوغدا» ماركىلىق ئۇرېيا ماركىسى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن داڭلىق ماركا قىلىپ باھالاندى، نۆۋەتتە مەملىكەت بويىچە داڭلىق ماركا بولۇشقا ئىلتىماس سۇنۇلىۋاتىدۇ.

مەھسۇلات سېتىش ۋە بازار ئېچىش جەھەتتە، شىركەت جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز گۇرۇھ شىركىتى ئوتتۇرىغا قويغان نېفىت مەھسۇلاتلىرىنى بىرتۇتاش تەقسىملەش، بىرتۇتاش باھا بېكىتىش، بىرتۇتاش توشۇش، بىرتۇتاش ھېساب ئۈزۈش سىياسىتىنى پائال ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىر تۇتاش تەقسىملەنمەيدىغان ۋە كىچىك خىمىيە زاۋۇتلىرى ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلارنىڭ بازىرىنى زور كۈچ بىلەن ئاچتى. گۇرۇھ شىركىتى خىمىيىۋى ئوغۇت ماسلاشتۇرۇش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولغان ئورۇن بولۇش سۈپىتى بىلەن سىستېما ئىچىدىكى ئوخشاش ساھەدىكى كارخانىلارنىڭ خىمىيىۋى ئوغۇت مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنى پائال ماسلاشتۇرۇپ، شىنجاڭ ھەتتا دۆلەت ئىچىدىكى خىمىيىۋى ئوغۇت بازارلىرىنىڭ قېلىپلىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى. ئۇنىڭدىن باشقا، شىركەت يەنە خەلقئارا بازارنى پائال ئېچىپ، نېفىت مەھسۇلاتلىرىنى ئېكسپورت قىلىش مەخسۇس تىجارىتى ھوقۇقىغا ئېرىشتى ھەمدە موڭغۇلىيە، قازاقىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگە 9693 توننا تەييار نېفىت ئېكسپورت قىلدى. كىچىك خىمىيە زاۋۇتلىرىنىڭ كوكس قاتارلىق مەھسۇلاتلىرىمۇ چېگرا سىرتىدىكى بازارلارغا سېتىلدى.

تيەن يۈڭ

## پەن - تېخنىكا خىزمىتى

1999 - يىلى ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە 140 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرىدىن 58 نى ئورۇندىدى. نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ ھىدروگېن قوشۇپ ئىنچىكىلەپ ئىشلەش قۇرۇلمىسىغا 26 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى يىلىغا 300 مىڭ توننىدىن 600 مىڭ تونناغا يەتكۈزۈلدى. قۇرۇلمىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى يېتەرلىك بولماسلىق مەسىلىسى ۋە مەھسۇلات سۈپىتى مەسىلىسى ھەل قىلىندى. ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى تېخنىكا ئۆزگەرتىشتە قۇرۇلمىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىدا ساقلانغان مەسىلىلەرگە بىرلەشتۈرۈپ، قۇرۇلمىلارنىڭ ئېنېرگىيە سەرپىياتىدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى. موم ئارقىلىق كاتالىزلاش قۇرۇلمىسىنىڭ كېرەكتىن چىققان قازىنىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق، سائىتىگە 3 توننا گاز ئىشلەپچىقىرىشتىن 10 توننىدىن 12 تونناغىچە گاز ئىشلەپچىقىرالايدىغان دەرىجىگە يەتكۈزدى، ئېنېرگىيە تېجەش ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولدى. بىر نورمال ھاۋانى ئالدىن قىزىتىش ئۈسكۈنىسىنى ئۆزگەرتىش ئارقىسىدا، ھاۋا تېمپېراتۇرىسى ئەسلىدىكى نورمال تېمپېراتۇرىدىن 160℃ ئۆپچۆرىسىگىچە ئۆرلەپ، قىزىتىش ئوچاقنىڭ ئۈنۈمى 2 پىرسەنت پوئىنتى ئۆستى. مۇشۇ يىلدا تېجەپ قېلىنغان مەبلەغ ۋە ئاشۇرۇلغان ئۈنۈم 90 مىليون يۈەندىن كۆپرەككە يەتتى.

1999 - يىلى ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى پەن - تېخنىكا ئۆزلەشتۈرۈش تۈرىدىن 61 نى ئورۇندىدى، ئۇنىڭغا 43 مىليون 670 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى. ئورۇندىغان خىزمەتلەر شىركەت، نېفىت ئايرىش زاۋۇتى، خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتى، خىمىيىۋى تالا زاۋۇتى، ماددىي ئەشيا - قورال سايمان شىركىتى، مالىيە باشقارمىسى ئۇچۇر تورى سىستېمىسى شۇنىڭدەك يەر ئاستى تۇرۇبا تورى جۇغراپىيىلىك ئۇچۇر سىستېمىسى؛ پۈتۈن زاۋۇتنىڭ InfopLuS ئەمەلىي سانلىق مەلۇمات ئامبىرى، خىمىيە سانائىتى قۇرۇلمىسىنىڭ پۈتۈن لىنىيە تەقلىدىي يۇمشاق دېتالىنى ئۆزلەشتۈرۈپ قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسىنى ئىلغار ئۇسۇلدا تىزگىنلەش ۋە تېخنىكىنى سەرخىللاشتۇرۇشقا ئاساس سالدى. كۆمۈرنى ساپلاشتۇرۇپ كۆيدۈرۈش ۋە بىللە ھاسىل بولغان مىنېراللارنى مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇش (AMC) تۈرىدىكى ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىزمىتىنى تاماملىدى. بۇ تۈردە تېرمو ئېلېكتر ئىستانسىسىدىن چىققان كۆمۈر كۈلىدىن سېمونت پىشىشىق ماتېرىيالى ئىشلەپچىقىرىپ، سېمونت تەييارلانمىلىرىنى ياسىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قويۇپ بېرىلگەن ئىستىكى گۈڭگۈرت (Ⅳ) ئوكسىدى تەركىبىنى تۆۋەنلىتىپ، مۇھىتنى بۇلغايدىغان جىسىملارنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى ئازايتتى. $C_4$ يىنىڭ ھىدرو كاربونلارنى ئاروماتلاشتۇرۇش جەريانىدىكى سىناقنى ۋە كاتالىزاتورنى

ياماللاش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ، سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز، نېفىت ئايرىش زاۋۇتىدىن چىققان قۇرۇق گاز بىلەن نېفىتلىكتىكى يېنىك نېفىتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشتا ئۈنۈملۈك يولىنى تېپىپ بەردى؛ ئورپيا ۋە كۆمۈر كۆلىنى خام ئەشيا قىلىپ كۆپ ئاساسلىق ماگىستىرلىق بىرىكمە ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىپ ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۆزى ئېتىز - ئېرىقتا سىناق قىلىشنى تاماملىدى. ئۇنىڭدىن باشقا شىركەت يەنە مەبلەغ سېلىپ، نېفىتنى ئالدىن بىرتەرەپ قىلىش، كۆڭگۈرت تەركىبلىك نېفىتنى پىششىقلاپ ئىشلەش، ئاسفالت سۈپىتىنى ياخشىلاش، شىركەتنىڭ ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقى ئىستراتېگىيىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات، نېفىت ئايرىش زاۋۇتىدىكى 3 لايىنى ئۈنۈمۈرسال تۈزەش، ئايلانما سۇدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ۋە دورا سىناش، سۇ بايلىقىدىن ئۈنۈمۈرسال پايدىلىنىش، خىمىيىۋى تالا يېڭى مەھسۇلاتلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈش، بۇلغانما سۇ ئامبىرىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى تەكشۈرۈش، گازلاشتۇرۇلغان ئوچاقنىڭ كۆيۈش ئۇمشۇقىنى رېمونتلاپ شەكلىنى ئۆزگەرتىش قاتارلىق تەتقىقات ۋە ئۆزلەشتۈرۈش تۈرلىرىنى ئىشلىدى ھەمدە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈردى شۇنىڭدەك ئەمەلىيەتتە ئىشلەتتى.

تيەن يۇڭ

## جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز ترانسپورت شىركىتى

### ئومۇمىي ئەھۋالى

جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز شىركىتىنىڭ 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىسى 6454، دەم ئېلىشتا، پېنسىيىگە چىققان ئىشچى - خىزمەتچىسى 1439، ترانسپورت ئاپتوموبىلى 749، 11 مىڭ 700 ئاپتوموبىل - تونىنا، تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 910 مىليون 670 مىڭ يۈەن. شىركەت قارمىقىدا 2 دەرىجىلىك ئورۇندىن 8ى بار، بۇلار: 1 - شىركەت، 2 - شىركەت، تارىم ترانسپورت شىركىتى، قۇملۇق ترانسپورت شىركىتى، تارىم تەييار ماي باش ئىسكىلاتى، ماشىنىسازلىق زاۋۇتى، غەربىي شىمال ئاپتوموبىل زاۋۇتى، تېببىي داۋالاش بۆلۈملىرى شىركىتىدىن ئىبارەت. 1 - شىركەت، 2 - شىركەت، ماشىنىسازلىق زاۋۇتى، غەربىي شىمال ئاپتوموبىل زاۋۇتى قاراماي، تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكىنى تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈشكە مۇلازىمەت قىلىدۇ؛ تارىم ترانسپورت شىركىتى، قۇملۇق ترانسپورت شىركىتى، تەييارماي باش ئىسكىلاتى تارىم نېفىتلىكىنى تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈشكە مۇلازىمەت قىلىدۇ؛ تېببىي داۋالاش بۆلۈملىرى شىركىتىنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى ئاساسەن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى چوڭ دوختۇرخانىلار ئىشلىتىدۇ.

1999 - يىلى ترانسپورت شىركىتىنىڭ تۈرلۈك ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەرنى ئورۇنداش ئەھۋالى:

ترانسپورت مىقدارى  يۈك ئوبوروت مىقدارى 288 مىليون 580 مىڭ تونىنا - كىلومېتىرغا، توشۇلغان يۈك مىقدارى 1 مىليون 360 مىڭ توننىغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە جەنۇبىي شىنجاڭغا توشۇلغان ئۈسكۈنە - سايمان 110 مىڭ تونىنا، جەنۇبىي شىنجاڭدىن توشۇلغان نېفىت 170 مىڭ تونىنا، تەييارماي 270 مىڭ تونىنا.

ترانسپورت سۈپىتى  بىخەتەر قاتناشقان مۇساپە 2 مىليون 500 مىڭ ئاپتوموبىل - كىلومېتىر.

سەرپىيات  ھەر 100 كىلومېتىر مۇساپىگە 52.29 كىلوگرام يېقىلغۇ ماي سەرپ قىلىندى، ھەر بىر بالوننىڭ ئىشلەش مۇساپىسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 82 مىڭ 356 كىلومېتىرغا يەتتى.

تەننەرخ  بىرلىك تەننەرخ ھەر 1000 تونىنا - كىلومېتىرنىڭ 392 يۈەن بولدى.

ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى  ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 64 مىڭ 316 تونىنا - كىلومېتىردىن توغرا كەلدى.

ترانسپورت ئۈنۈمى  ئاپتوموبىللارنىڭ بېجىرىملىك نىسبىتى 93.25% كە، ئاپتوموبىللارنىڭ ئىشلەش ئۈنۈمى 72.4% كە يەتتى.

ترانسپورت ئاساسىي كەسىپ كىرىمى  213 مىليون 110 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىنىپ، يۇقىرىغا 3 مىليون 190 مىڭ يۈەن باج تاپشۇرۇلدى.

كۆپ خىل ئىگىلىكنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 102 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە، يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان باج 1 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە يەتتى، كەسىپكار 2036 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 1681.

ئۈسكۈنىلەرنى يېڭىلاشقا 13 مىليون 620 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ھەرخىل ترانسپورت، قۇرۇلۇش ئۈسكۈنىلىرىدىن 25 نى يېڭىلىدى ۋە سېتىۋالدى.

ئاساسىي قۇرۇلۇشقا 13 مىليون 590 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، قۇرۇلۇش ئومۇمىي كۆلىمى 15 مىڭ 900 كۋادرات مېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشچى - خىزمەتچىلەر تۇرالغۇ ئۆيى 198 يۈرۈش.

شى جۈن

# كۆمۈر سانائىتى

## كۆمۈر سانائىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

**كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىش ئەھۋالى** 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشلەپچىقىرىلغان كۆمۈر 27 مىليون 781 مىڭ 600 تونىنغا يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %5.08 ئازايدى؛ سېتىلغان كۆمۈر 26 مىليون 25 مىڭ 100 توننىغا يېتىپ، %9.48 ئازايدى. مۇشۇ يىلدا 4 مىليون 129 مىڭ 600 توننا كۆمۈر يۆتكەلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايوننىڭ سىرتىغا يۆتكەلگەن كۆمۈر 1 مىليون 882 مىڭ 300 توننا بولۇپ، %9.01 ئازايدى.

**زىياننى تۈگىتىپ پايدىنى ئاشۇرۇش ئەھۋالى** كۆمۈر سانائىتى نازارىتىگە بىۋاستە قاراشلىق كارخانىلار تولۇقلىما بېرىلگەندىن كېيىن زىياننى 5 مىليون 590 مىڭ يۈەن ئازايتتى، سانائەت قوشۇلما قىممىتىنى 476 مىليون يۈەنگە يەتكۈزدى، بۇ 1998 - يىلدىكىدىن %2.26 ئازايدى. دۆلەت ئىلكىدىكى نۇقتىلىق كۆمۈر كانلىرىدا 157 ئادەم ئازايتىلدى، ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئىش كۈنى ئۈنۈمدارلىقى 2.385 توننىغا يېتىپ، %10.16 ئۆستى.

**كارخانا ئىسلاھاتى** قومۇل كان ئىدارىسى، ئۈرۈمچى كان ئىدارىسى، ئىۋىرغول كۆمۈر كېنى، شىنجاڭ كۆمۈركان خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى كارخانا تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىشنىڭ تۈرلۈك تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلەپ بولدى، كۆپ خىل ئىگىلىك كارخانىلىرىنىڭ تۈزۈلمە ئۆزگىرىش دائىرىسى %73.3 كە يەتتى. قومۇل كان ئىدارىسى، ئۈرۈمچى كان ئىدارىسى ئاپتونوم رايوندىكى 1 - تۈركۈمدە قەرزدارلىق ھوقۇقىنى پاي ھوقۇقىغا ئۆزگەرتىدىغان 17 كارخانا قاتارىغا كىرگۈزۈلدى، قەرز ھوقۇقىنى پاي ھوقۇقىغا ئۆزگەرتىش بويىچە يۇقىرىغا يوللانغان پىلان 628 مىليون 610 مىڭ يۈەن. قومۇل كان ئىدارىسى بېيچۈەن كۆمۈر كېنى دۆلەتنىڭ تاقاپ ۋەيران قىلىنىدىغان كۆمۈر كانلىرى پىلانىغا كىرگۈزۈلدى، 168 مىليون يۈەن قەرزى كۆتۈرۈۋېتىلمەكچى. گوۋۇيۈەننىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن، دۆلەت تەرەققىيات بانكىسىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ئۈرۈمچى كان ئىدارىسى ئۈستى ئوچۇق كۆمۈر كېنىنىڭ 407 مىليون 680 مىڭ يۈەن قەرزى كۆتۈرۈۋېتىلدى. كۆمۈر سانائىتى نازارىتى سىستېمىسىدا قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەركىزىدىن 4 ى قۇرۇلدى، 958 كىشى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلدى، 517 كىشى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇلار ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغانلار ئومۇمىي سانىنىڭ %54 نى ئىگىلىدى؛ ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغانلار يۈزدە يۈز قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت مەركىزىگە كىردى ۋە يۈزدە يۈز ئاساسىي تۇرمۇش كاپالەت سوممىسى ئالدى.

**كۆمۈر سانائىتىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش** 1999 - يىلى نۇقتىلىق دۆلەت كۆمۈر كانلىرىنىڭ كۆمۈر قېزىشتا ماشىنىلىشىش دەرىجىسى %65.91 كە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 2.11 پىرسەنت پوئىنتى ئۆستى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇنىۋېرسال قېزىشنىڭ %52.61 كە، ئۇنىۋېرسال ئىچكىرىلەپ قېزىشنىڭ %10.57 كە يەتتى، ئىچكىرىلەپ قېزىشتىكى قاچىلاشنىڭ ماشىنىلىشىش دەرىجىسى %26.87 كە يەتتى. «شىنجاڭ كۆمۈرلۈكلىرىدىكى كەڭ كۆمۈر قاتلىمىغا ئۆزلۈكىدىن ئوت كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش تېخنىكىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات» دۆلەتنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. كارخانىلار پەن - تېخنىكىغا بولغان سېلىنمىنى ئۈزلۈكسىز كۆپەيتتى، يېڭى مەھسۇلات، يېڭى ھۈنەر - سەنئەتنى تەتقىق قىلىپ ئۆزلەشتۈرۈپ ۋە قوللىنىپ، تېخنىكا ئۆزگەرتىش سالمىقىنى زورايتتى. ئۈرۈمچى كان ئىدارىسى كۆمۈر قېزىش ئۇسۇلىنى ياخشىلاپ، جەنۇب كۆمۈر كېنىدا خالىغان تۈۋرۈكى شەكلىدە يېنىك تۈۋرۈك ئىشلىتىپ تورۇس كۆمۈرنى قويۇپ بېرىپ كۆمۈر قېزىش ئۇسۇلىنى سىناق قىلىپ، قېزىش رايونلىرىنىڭ قېزىۋېلىش نىسبىتىنى %40.7 تىن %75 تىن كۆپرەككە ئۆستۈردى، ئوتتۇراھال قېلىن كۆمۈر قاتلىمىدا ماشىنىلاشتۇرۇشنى قوللىنىش جەھەتتە ياخشى باشلىنىش بارلىققا كەلدى.

**كۆمۈر كانلىرىنى تەرتىپكە سېلىش ئەھۋالى** 1999 - يىل 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگە قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى ئېلىشنى ئىلتىماس قىلغان كان قۇدۇقى 1175 كە يەتتى، تەكشۈرۈش ئارقىلىق 913 كان قۇدۇقىغا ئىجازەتنامە بېرىش ماقۇللاندى، 790 كان قۇدۇقى كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى ئالدى، ئىجازەتنامە ئېلىش نىسبىتى تەكشۈرۈپ ئىجازەتنامە بېرىش ماقۇللانغان كان قۇدۇقلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ %86.5 نى ئىگىلىدى، يەنە 123 كان قۇدۇقى كان ئېچىش ئىجازەتنامىسىنى ئالماشتۇرۇش رەسمىيىتىنى بېجىرىۋاتىدۇ.

**يەرلىك كۆمۈر كانلىرى** مۇشۇ يىلدا ئىشلەپچىقارغان كۆمۈرى 22 مىليون 391 مىڭ 100 توننا بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن %5.93 ئازايدى.

جىن يۇڭشىياڭ

### ئاپتونوم رايون كۆمۈر سانائىتىنىڭ 1999 - يىلدىكى ئاساسلىق مەھسۇلات مىقدارى

بىرلىكى: تۈمەن توننا

| | 1999 - يىل | 1998 - يىلدىكىسىنىڭ % ىگە تەڭ |
|---|---|---|
| ئاپتونوم رايون بويىچە كۆمۈر مىقدارى | 2778.16 | 94.92 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: نۇقتىلىق يەرلىك كۆمۈر كانلىرىنىڭ | 539.05 | 98.62 |
| يەرلىك كۆمۈر كانلىرىنىڭ | 2239.11 | 94.07 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: ئۆلكە باشقۇرىدىغان كۆمۈر كانلىرىنىڭ | 433.97 | 99.88 |
| ۋىلايەت باشقۇرىدىغان كۆمۈر كانلىرىنىڭ | 139.86 | 109.53 |
| ناھىيە باشقۇرىدىغان كۆمۈر كانلىرىنىڭ | 516.76 | 92.43 |
| يېزا - بازار (كەنت) كۆمۈر كانلىرىنىڭ | 1148.52 | 91.22 |

جىن يۈگشياڭ

## كۆمۈر تىجارىتىنى تەرتىپكە سېلىش ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ كۆمۈر تىجارىتى سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى ئاپتونوم رايون بويىچە قانات يايدۇرۇلدى، ش ئۇ ئا ر كۆمۈر تىجارىتى سالاھىيىتى ئىشخانىسى 18 ئورۇنغا گۇۋاھنامە تارقىتىشنى تەستىقلىدى. ئاپتونوم رايوندا كۆمۈر تىجارىتىنى تەرتىپكە سېلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد - سودا كومىتېتى، كۆمۈر سانائىتى نازارىتى، سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى بىرلىشىپ «كۆمۈر تىجارىتىنى باشقۇرۇش چارىسى، نى يولغا قويۇشقا دائىر مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، كۆمۈر تىجارىتىنى قانۇن بويىچە قېلىپلاشتۇرۇش توغرىسىدا ئېنىق بەلگىلىمە چىقاردى.

جىن يۈگشياڭ

## قۇدۇق تاقاپ مەھسۇلات ئازايتىش ئەھۋالى

1999 - يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە 2 تۈركۈمگە بۆلۈپ قانۇنسىز ۋە جايلىشىشى مۇۋاپىق بولمىغان كۆمۈركان قۇدۇقىدىن 368 ى تاقالدى، 3 مىليون 580 مىڭ توننا كۆمۈر مەھسۇلاتى ئازايتىلدى. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون قۇدۇق تاقاپ مەھسۇلات ئازايتىشتا تۆۋەندىكى تەدبىرلەرنى قوللاندى: (1) رەھبەرلىك كۈچەيتىلىپ، ئاپپارات مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، ئاپتونوم رايون ۋە ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە ئومۇمىيۈزلۈك قۇدۇق تاقاپ مەھسۇلات ئازايتىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، قۇدۇق تاقاپ مەھسۇلات ئازايتىشنىڭ كونكرېت يولغا قويۇش لايىھىسى تۈزۈپ چىقىلىپ، دەرىجىمۇ دەرىجە مەسئۇل بولۇش سىستېمىسى شەكىللەندۈرۈلدى. (2) قانۇن بويىچە كان ئېچىلىپ، نازارەتچىلىك كۈچەيتىلدى. (3) سىياسەت تەشۋىق قىلىنىپ، جامائەت پىكرى پەيدا قىلىندى. (4) قۇدۇق تاقاپ مەھسۇلات ئازايتىش ئارقىلىق كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش تەرتىپى ياخشىلاندى. (5) قۇدۇق تاقاپ مەھسۇلات ئازايتىش ئارقىلىق كۆمۈر سانائىتىنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋە دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ئىلگىرى سۈرۈلدى. (6) قۇدۇق تاقاپ مەھسۇلات ئازايتىش ئارقىلىق يېزا - بازار كۆمۈر كانلىرىنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنىڭ ياخشىلىنىشى ۋە قوراللىنىش سەۋىيىسىنىڭ ئۆستۈرۈلۈشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. (7) قۇدۇق تاقاپ مەھسۇلات ئازايتىشتىكى قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلىرى ئەستايىدىل ھەل قىلىندى.

جىن يۈگشياڭ

## كۆمۈر كانلىرىنىڭ بىخەتەرلىك ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەرخىل كۆمۈر كانلىرىدا 276 قېتىم ئۆلۈم ھادىسىسى يۈز بېرىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 31 قېتىم كۆپەيدى، 377 ئادەم ئۆلۈپ، 45 ئادەم كۆپ ئۆلدى. بۇنىڭ ئىچىدە نۇقتىلىق دۆلەت كۆمۈر كانلىرىدا 5 قېتىم ئۆلۈم ھادىسىسى يۈز بېرىپ، 3 قېتىم كۆپەيدى، 5 ئادەم ئۆلۈپ، 3 ئادەم كۆپ ئۆلدى، 1 مىليون توننا مەھسۇلاتقا توغرا كەلگەن ئۆلۈش نىسبىتى 0.93 بولدى؛ يەرلىك دۆلەت كۆمۈر كانلىرىدا 105 قېتىم ئۆلۈم ھادىسىسى

يۈز بېرىپ، 42 قېتىم كۆپەيدى، 132 ئادەم ئۆلۈپ، 33 ئادەم كۆپ ئۆلدى، 1 مىليون توننا مەھسۇلاتقا توغرا كەلگەن ئۆلۈش نىسبىتى 10.6 بولدى؛ يېزا - بازار كوللېكتىپ كۆمۈر كانلىرىدا 164 قېتىم ئۆلۈم ھادىسىسى يۈز بېرىپ، 6 قېتىم ئازايدى، 238 ئادەم ئۆلۈپ، 20 ئادەم كۆپ ئۆلدى، 1 مىليون توننا مەھسۇلاتقا توغرا كەلگەن ئۆلۈش نىسبىتى 23.9 بولدى. قۇمۇل كان ئىدارىسى، تۇرپان ۋىلايىتى قاتارلىق ئورۇن ۋە ۋىلايەتلەر بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى مۇقىم ياخشىلىدى.

جىن يۈڭشيالڭ

## ئۈرۈمچىدە شەھەر كۆمۈرى ئۆلچىمى يولغا قويۇلدى

1999 - يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى، كۆمۈر سانائىتى نازارىتى، مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى، سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى، باھا ئىدارىسى بىرلىكتە ئۈرۈمچىدە A رايون ۋە B رايون شەھەر كۆمۈرىنى ئىشلىتىش ئۆلچىمىنى تۈزۈپ چىقىپ، «ئۈرۈمچىدە ئىشلىتىلىدىغان شەھەر كۆمۈرى سۈپىتىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش چارىسى»نى بىرلىكتە تارقاتتى. ئۇنىڭدا، ئۈرۈمچىدە ئىشلىتىلىدىغان شەھەر كۆمۈرىنىڭ سۈپىتى جەزمەن ئاپتونوم رايوننىڭ مەجبۇرلاش خاراكتېرىدىكى يەرلىك ئۆلچىمى DB65/ 032 — 1999 «ئۈرۈمچىدە ئىشلىتىلىدىغان شەھەر كۆمۈرى ئۆلچىمى»گە ئۇيغۇن بولۇش، ئۈرۈمچىگە كىرىدىغان شەھەر كۆمۈرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان، پىششىقلايدىغان كارخانىلارغا قارىتا ئۈرۈمچىگە شەھەر كۆمۈرى كىرگۈزۈشكە رۇخسەت قىلىش كىنىشكىسى تارقىتىپ باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش، رۇخسەت قىلىش كىنىشكىسى ئالمىغان كارخانىلارنىڭ كۆمۈر مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئۈرۈمچى بازىرىغا كىرىشىنى چەكلەش بەلگىلەندى.

جىن يۈڭشيالڭ

## كۆمۈر كانلىرىنىڭ كۆپ خىل ئىگىلىك ئەھۋالى

1999 - يىلى كۆمۈر سانائىتى نازارىتى سىستېمىسىنىڭ كۆپ خىل ئىگىلىكتىكى ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت سوممىسى 463 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %16.24 ئازايدى. باج ۋە پايدىسى 36 مىليون 965 مىڭ 800 يۈەنگە يېتىپ، %16.84 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە پايدا 13 مىليون 755 مىڭ 500 يۈەنگە يېتىپ، %37.76 ئاشتى. 135 مىڭ 900 توننا سېمونت، 28 مىڭ 400 كۇب مېتىر فارفور دانچىسى، بىناكارلىقتا ئىشلىتىلىدىغان 15 مىڭ 500 كۇب مېتىر كېسەك، 4 مىليون 830 مىڭ دانە كۆپ تۆشۈكلۈك خىش، 350 مىڭ كۇب مېتىر تامغا، پەرگە چاپلايدىغان يۈزى سىرلانغان فارفور خىش، 2634 توننا پاختا يىپ، 158 مىڭ 300 بالا ئوكسىگېن، 27 مىڭ 700 توننا ئاتسېتىلېن گازى، 10 مىڭ كۋادرات مېتىر پولات ئىشىك - دېرىزە، 1700 كۋادرات مېتىر رەڭلىك تاختا ئىشىك - دېرىزە، 211 مىليون 35 مىڭ 700 كىلوۋات سائەت توك ئىشلەپچىقىرىلدى. قانۇنىي ئىگە سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن كارخانا 137 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 14، پاي ھەمكارلىق تۈزۈمىدىكىسى 6، ئىجارىگە بېرىلگىنى 4، ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرۇلغىنى 113. كۆپ خىل ئىگىلىك زاۋۇتى 248، ئۇلاردىكى كەسپكار 12 مىڭ 70 كىشى بولۇپ، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىم 7448 يۈەن بولدى.

جىن يۈڭشيالڭ

# ئېلېكتر سانائىتى

## ئېلېكتر ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ھاسىل قىلىنغان توك 16 مىليارد 930 مىليون 480 مىڭ كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %7.32 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئوت كۈچى بىلەن ھاسىل قىلىنغان توك 13 مىليارد 731 مىليون 970 مىڭ كىلوۋات سائەت، سۇ كۈچى بىلەن ھاسىل قىلىنغان توك 3 مىليارد 6 مىليون 10 مىڭ كىلوۋات سائەت. شىنجاڭنىڭ ئاساسلىق ئېلېكتر تورىدا ھاسىل قىلىنغان توك 11 مىليارد 486 مىليون 510 مىڭ كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، %7.78 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ ئېلېكتر شىركىتىگە بىۋاسىتە قاراشلىق توك ھاسىل قىلىدىغان كارخانىلار ھاسىل قىلغان توك 6 مىليارد 712 مىليون 870 مىڭ كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، %2.58 ئاشتى.

1999 - يىلى پۈتكۈل جەمئىيەت ئىشلەتكەن توك 16 مىليارد 930 مىليون 480 مىڭ كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %7.32 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق، سۇچىلىق ئىشلىرىغا ئىشلىتىلگەن توك 2 مىليارد 183 مىليون 170 مىڭ كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، %3.67 ئاشتى؛ سانائەتكە ئىشلىتىلگەن توك 10 مىليارد 900 مىليون 780 مىڭ كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، %8.95 ئاشتى؛ گېئولوگىيىلىك ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ۋە قېدىرىپ تەكشۈرۈشكە ئىشلىتىلگەن توك 83 مىليون 140 مىڭ كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، %5.28 ئازايدى؛ بىناكارلىققا

ئىشلىتىلگەن توك 168 مىليون 690 مىڭ كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، %4.91 ئازايدى؛ قاتناش - ترانسپورت ۋە پوچتا - تېلېگراف ئالاقىسى ئىشلىرىغا ئىشلىتىلگەن توك 351 مىليون 20 مىڭ كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، %2.97 ئازايدى؛ سودا، يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمىتى، ماددىي ئەشيا تەمىنلەش - سېتىش ۋە ئامباردا ساقلاش ئىشلىرىغا ئىشلىتىلگەن توك 642 مىليون 800 مىڭ كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، %37.89 ئاشتى؛ باشقا كەسىپلەرگە ئىشلىتىلگەن توك 917 مىليون 620 مىڭ كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، %5.74 ئازايدى؛ شەھەر، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا ئىشلىتىلگەن توك 1 مىليارد 683 مىليون 260 مىڭ كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، %5.33 ئاشتى (بۇنىڭ ئىچىدە يېزا - كەنتلەرنىڭ %6.99، شەھەرلەرنىڭ %4.78 ئاشتى).

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە توك ھاسىل قىلىش ئۈسكۈنىلىرىدىن يىللىق ئوتتۇرىچە پايدىلىنىش ۋاقتى 4600 سائەت بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 33 سائەت قىسقاردى، بۇنىڭ ئىچىدە ئوت ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرىدىن يىللىق ئوتتۇرىچە پايدىلىنىش ۋاقتى 4702 سائەت، سۇ ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرىدىن يىللىق ئوتتۇرىچە پايدىلىنىش ۋاقتى 4254 سائەت، شامال كۈچى ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرىدىن يىللىق ئوتتۇرىچە پايدىلىنىش ۋاقتى 2860 سائەت بولدى. شىنجاڭنىڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى تورىدىكى توك ھاسىل قىلىش ئۈسكۈنىلىرىدىن يىللىق ئوتتۇرىچە پايدىلىنىش ۋاقتى 5255 سائەت بولۇپ، 55 سائەت ئۇزاردى، شىنجاڭ ئېلېكتر شىركىتىگە بىۋاستە قاراشلىق توك ھاسىل قىلىدىغان كارخانىلاردىكى ئۈسكۈنىلەردىن يىللىق ئوتتۇرىچە پايدىلىنىش ۋاقتى 5731 سائەت بولۇپ، 19 سائەت قىسقاردى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە سىغىمچانلىقى 6000 كىلوۋات ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى ئوت ئېلېكتر ئىستانسىلىرىدا بىر كىلوۋات سائەت توك ئۈچۈن 500 گرام ئۆلچەملىك كۆمۈر سەرپ قىلىنىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 14 گرام ئازايدى؛ ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنىڭ توك ئىشلىتىش نىسبىتى %7.62 بولۇپ، 0.03 پىرسەنت پوئىنتى ئازايدى. بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ ئېلېكتر تورىدىكى ئوت ئېلېكتر ئىستانسىلىرىدا بىر كىلوۋات سائەت توك ئۈچۈن 454 گرام ئۆلچەملىك كۆمۈر سەرپ قىلىنىپ، 15 گرام ئازايدى؛ ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنىڭ توك ئىشلىتىش نىسبىتى %8.15 بولۇپ، 0.02 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىدى؛ شىنجاڭ ئېلېكتر شىركىتىگە بىۋاستە قاراشلىق توك ھاسىل قىلىدىغان كارخانىلاردا بىر كىلوۋات سائەت توك ئۈچۈن 438 گرام ئۆلچەملىك كۆمۈر سەرپ قىلىنىپ، 13 گرام ئازايدى؛ ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنىڭ توك ئىشلىتىش نىسبىتى %8.26 بولۇپ، 0.10 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە توكنىڭ توك يەتكۈزۈش لىنىيىلىرىدە خوراش نىسبىتى %8.03 بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 0.19 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىدى. شىنجاڭ ئېلېكتر شىركىتىنىڭ تورىدىكى خوراش نىسبىتى %7.07 بولۇپ، 0.15 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى.

1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭنىڭ ئاساسلىق ئېلېكتر تورى ئۈرۈمچى، شىخەنزە رايونى ۋە قاراماي شەھىرى، كۈيتۇڭ شەھىرى، تارباغاتاي ۋىلايىتى، بورتالا ئوبلاستى، سانجى ئوبلاستى، تۇرپان ۋىلايىتىنى قاپلىدى. ئېلېكتر تورىدىكى گېنېراتورلارنىڭ سىغىمچانلىقى 2 مىليون 144 مىڭ 45 كىلوۋاتقا يەتتى.

ۋاڭ يۇ

## ئېلېكتر قۇرۇلۇشى

ئاپتونوم رايون بويىچە 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى توك ھاسىل قىلىش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ گېنېراتور سىغىمچانلىقى 3 مىليون 968 مىڭ 964 كىلوۋات بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئوت كۈچى بىلەن توك ھاسىل قىلىدىغان گېنېراتور سىغىمچانلىقى 3 مىليون 102 مىڭ 417 كىلوۋات، سۇ كۈچى بىلەن توك ھاسىل قىلىدىغان گېنېراتور سىغىمچانلىقى 796 مىڭ 497 كىلوۋات، شامال كۈچى بىلەن توك ھاسىل قىلىدىغان گېنېراتور سىغىمچانلىقى 70 مىڭ 5 كىلوۋات. مۇشۇ يىلدا توك ھاسىل قىلىش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ يېڭىدىن كۆپەيگەن سىغىمچانلىقى 72 مىڭ 400 كىلوۋات بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئوت ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنىڭ 62 مىڭ كىلوۋات، سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنىڭ 8000 كىلوۋات، شامال كۈچى ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنىڭ 2400 كىلوۋات. كېرەكتىن چىققان توك ھاسىل قىلىش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ سىغىمچانلىقى 60 مىڭ 688 كىلوۋات. ئاپتونوم رايوندا سىغىمچانلىقى 600 كىلوۋاتتىن يۇقىرى ئېلېكتر ئىستانسىسى 88 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسى 60، سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى 24، شامال كۈچى ئېلېكتر ئىستانسىسى 4، سىغىمچانلىقى 50 مىڭ كىلوۋاتتىن يۇقىرى ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسى 16، سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى 3.

ئاپتونوم رايوننىڭ 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى 35 كىلوۋولتتىن يۇقىرى توك ئۆزىتىش لىنىيىسى 820، 21 مىڭ 466 كىلومېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە 220 كىلوۋولتلۇقى 16 لىنىيە، 1516 كىلومېتىر، 110 كىلوۋولتلۇقى 189 لىنىيە، 7732 كىلومېتىر، 35 كىلوۋولتلۇقى 615 لىنىيە، 12 مىڭ 218 كىلومېتىر. 35 كىلوۋولتلۇقتىن يۇقىرى ترانسفورماتور پونكىتى 705، ترانسفورماتور سىغىمى 7 مىليون 976 مىڭ 600 كىلوۋولت ئامپېر، بۇنىڭ ئىچىدە 220 كىلوۋولتلۇقى

8، سىغىمچانلىقى 1 مىليون 359 مىڭ كىلوۋولت ئامپېر، 110 كىلوۋولتلۇقى 126، سىغىمچانلىقى 3 مىليون 942 مىڭ 650 كىلوۋولت ئامپېر، 35 كىلوۋولتلۇقى 571، سىغىمچانلىقى 2 مىليون 674 مىڭ 900 كىلوۋولت ئامپېر.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ئېلېكتر ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 1 مىليارد 562 مىليون 610 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى (بۇنىڭ ئىچىدە توك ھاسىل قىلىشقا سېلىنغىنى 1 مىليارد 105 مىليون 650 مىڭ يۈەن، توك ئۆزىتىش ۋە توك بېسىمىنى ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 395 مىليون 390 مىڭ يۈەن)، دۆلەت ئېلېكتر قۇۋۋىتى شىركىتىنىڭ تورىغا 1 مىليارد 542 مىليون 160 مىڭ يۈەن، باشقا تورلارغا 20 مىليون 450 مىڭ يۈەن سېلىندى.

قۇرۇلۇش كۆلىمى   توك ھاسىل قىلىش قۇرۇلۇشىدا 71 گېنېراتورنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 1 مىليون 55 مىڭ 500 كىلوۋاتقا، توك ئۆزىتىش قۇرۇلۇشىدا 110 كىلوۋولتلۇق ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى 8 لىنىيە، 1. 441 كىلومېتىرغا، بېسىم ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىدا 110 كىلوۋولتلۇق ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى 7 ترانسفورماتورنىڭ بېسىمى 630 مىڭ كىلوۋولت ئامپېرغا يەتكۈزۈلدى.

قىلىنىۋاتقان قۇرۇلۇش كۆلىمى   سىغىمچانلىقى 593 مىڭ 500 كىلوۋات كېلىدىغان 66 گېنېراتورلۇق توك ھاسىل قىلىش قۇرۇلۇشى، 110 كىلوۋولتلۇق ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى 8 لىنىيە، 1. 441 كىلومېتىرلىق توك ئۆزىتىش قۇرۇلۇشى، بېسىمى 630 مىڭ كىلوۋولت ئامپېر كېلىدىغان 110 كىلوۋولتلۇق ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى 7 ترانسفورماتور قۇرۇلۇشى ئىشلىنىۋاتىدۇ.

ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن تۈرلەر   (1) توك ھاسىل قىلىشتا ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 370 مىڭ كىلوۋات كېلىدىغان 2 گېنېراتور گۇرۇپپىسى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، ئاساسلىق قۇرۇلۇش تۈرى مۇنۇلار: سانجى ئىسسىقلىق ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 2 - گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى (12000 × 1 كىلوۋات، 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى)، شىخەنزە شەرقىي ئىسسىقلىق ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 3 - گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى (25000 × 1 كىلوۋات، 3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى). (2) توك ئۆزىتىش قۇرۇلۇشىدا 4. 265 كىلومېتىرلىق 3 لىنىيە، ئاساسلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى مۇنۇلار: كورلا - قۇمۇل لىنىيىسى (220 كىلوۋولتلۇق، ئۇزۇنلۇقى 256 كىلومېتىر، 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى)، قۇمۇل 1 - ئېلېكتر ئىستانسىسى — شىاۋبېگۇن لىنىيىسى، قۇمۇل شىمالىي شەھەر ئەتراپى — شىاۋبېگۇن لىنىيىسى (110 كىلوۋولتلۇق، ئۇزۇنلۇقى 4. 9 كىلومېتىر، 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى). (3) بېسىم ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىدا بېسىمى 610 مىڭ كىلوۋولت ئامپېرلىق 6 ترانسفورماتور پونكىتى، ئاساسلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى مۇنۇلار: سەنگۇڭ ترانسفورماتور پونكىتى (220 كىلوۋولتلۇق 150000 × 1 كىلوۋولت ئامپېر، 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى)، لومەنچىڭ ترانسفورماتور پونكىتى (220 كىلوۋولتلۇق 150000 × 1 كىلوۋولت ئامپېر، 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى)، كورلا - قۇمۇل لىنىيىسى بېسىم تۈرلىتىش پونكىتى (220 كىلوۋولتلۇق، 1 مىليون 150 مىڭ كىلوۋولت ئامپېر، 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى)، جىمسار ترانسفورماتور پونكىتى (220 كىلوۋولتلۇق، 120000 × 1 كىلوۋولت ئامپېر، 5 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى)، قۇمۇل شىاۋبېگۇن ترانسفورماتور پونكىتى (110 كىلوۋولتلۇق، 20000 × 2 كىلوۋولت ئامپېر، 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى).

فېڭ جىيې

ئاپتونوم رايوندىكى سىغىمچانلىقى 50 مىڭ كىلوۋاتتىن ئاشىدىغان ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنىڭ 1999 - يىللىق ستاتىستىكا جەدۋىلى

| تۈرى | رەت تەرتىپى | ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنىڭ نامى | گېنېراتور سىغىمچانلىقى (تۈمەن كىلوۋات) | ھاسىل قىلىنغان توك مىقدارى (100 مىليون كىلوۋات سائەت) | ئۈسكۈنىلەردىن يىللىق ئوتتۇرىچە پايدىلىنىش ۋاقتى (سائەت) |
|---|---|---|---|---|---|

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ئوت ئېلېكتىر ئىستانسىلىرى | 1 | غۇلجىيەنچى ئېلېكتىر ئىستانسىسى | 30 | 17.019 | 5673 |
| | 2 | ماناس ئېلېكتىر ئىستانسىسى | 60 | 37.4871 | 6248 |
| | 3 | قۇمۇل ۋىلايەتلىك 2 - ئېلېكتىر ئىستانسىسى | 7.4 | 3.793 | 5126 |
| | 4 | غۇلجىيەنچى 4 - قارارلىق توك ھاسىل قىلىش چەكلىك شىركىتى | 10 | 6.941 | 6941 |
| | 5 | ۋېيخۇلياڭ ئېلېكتىر ئىستانسىسى | 12.5 | 6.9935 | 4138 |
| | 6 | مارالبېشى گاز يېقىلغۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى | 5 | 0.9626 | 1925 |
| | 7 | ئىلى 2 - ئېلېكتىر ئىستانسىسى | 5 | 0.8939 | 1788 |
| | 8 | تاشدەن ئېلېكتىر ئىستانسىسى | 10.5 | 4.1953 | 3996 |
| | 9 | باي ئېلېكتىر ئىستانسىسى | 8 | 3.802 | 4753 |
| | 10 | قاراماي ئېلېكتىر ئىستانسىسى | 18.9 | 8.0265 | 4247 |
| | 11 | ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى تېرموئېلېكتىر ئىستانسىسى | 11.2 | 5.4346 | 4852 |
| | 12 | مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتى ئېلېكتىر ئىستانسىسى | 13.9 | 6.2701 | 4511 |
| | 13 | شەرقىي شىنجاڭ نېفىتلىكى ئېلېكتىر ئىستانسىسى | 5.44 | 1.1432 | 2101 |
| | 14 | پوسكام نېفىتلىكى ئېلېكتىر ئىستانسىسى | 7.579 | 1.6184 | 2135 |
| | 15 | جەنۇبىي بوگۇر نېفىتلىكى ئېلېكتىر ئىستانسىسى | 5.09 | 0.8852 | 1739 |
| | 16 | خوشا ئېلېكتىر ئىستانسىسى | 6.734 | 1.9448 | 4378 |
| سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىلىرى | 1 | چوقان سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى | 5.705 | 2.2801 | 3997 |
| | 2 | توقاي سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى | 5 | 2.414 | 4828 |
| | 3 | تاغ ئاغزى سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى | 8 | 3.3057 | 4132 |

ۋاڭ يۇ

## يېزا توكىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا توكىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش، بىر توردىكى توكنىڭ شەھەر بىلەن يېزىدىكى باھاسىنى ئوخشاش قىلىش خىزمىتى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى. يەرلىكتىكى 12 ناھىيە، شەھەرنىڭ ئېلېكتىر كارخانىسى شىنجاڭ ئېلېكتىر شىركىتىگە قارايدىغان بولدى (سانجى، قۇتۇبى، ماناس، توققۇزتارا، تېكەس، كۈنەس، موڭغۇلكۈرە، ئاقتۇ، قەشقەر يېڭىشەھەر، يوپۇرغا، مارالبېشى، يەكەن). يىل ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە 87 ناھىيە (شەھەر) ئىچىدە ئۈرۈمچى شەھىرى، شىخەنزە شەھىرى، قاراماي شەھىرىدىن باشقا شىنجاڭ ئېلېكتىر شىركىتى بىۋاسىتە باشقۇرۇۋاتقىنى 22 گە، پېيىنى تىزگىنلەپ بىۋاسىتە باشقۇرۇۋاتقىنى 13 كە، ۋاكالىتەن باشقۇرۇۋاتقىنى (پاي قوشقىنى) 11 گە، پاي تىزگىنلىگەن شىركەتلەردىن بىۋاسىتە باشقۇرۇۋاتقىنى 31 گە، جەمئىي 77 گە يەتتى، ئۆزىنىڭ توكىنى ئۆزى باشقۇرىدىغان 7 ناھىيىنىڭ تۈزۈلمىسى ئىسلاھ قىلىنىۋاتىدۇ. يېزىلىق توك باشقۇرۇش پونكىتلىرىنىڭ تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش تەڭ قەدەمدە ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ، ناھىيە دەرىجىلىك ئېلېكتىر كارخانىلىرى

بىۋاستە باشقۇرىدىغان يېزىلىق توك تەمىنلەش ئورنى قۇرۇلۇپ، يېزا دەرىجىلىك ۋە يېزىدىن تۆۋەن يېزا ئېلېكتر تورىنى بىرتۇتاش باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى، يېزىلاردىكى تۆۋەن بېسىملىق ئېلېكتر تورىنى قوغداش - باشقۇرۇش خىراجىتىنى باھا ئارماقلىرى قاتتىق، ئېنىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ناھىيە دەرىجىلىك ئېلېكتر قۇۋۋىتى كارخانىلىرىنىڭ مۇندەرىجىلىك توك باھاسىغا كىرگۈزۈپ، ئائىلىلەرگىچە بېرىپ ئىسچوتچىكتىكى توك سانىنى تىزىملاپ ۋە كىرىم - چىقىمنى ئايرىۋېتىشنى يولغا قويۇپ، ئارىلىق ھالقىلارنى ئەمەلدىن قالدۇردى، يېزىلاردا ئىشلىتىلىدىغان توكنىڭ باشقۇرۇلۇشى قېلىپلاشتۇرۇلدى، يېزىلاردىكى توك باھاسى چۈشۈرۈلدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر 84 ناھىيىدىكى ئاسراش - باشقۇرۇش خىراجىتىنى بېكىتىش خىزمىتىنىڭ %90 ى ئورۇندالدى، 30 ناھىيىنىڭ ئاسراش - باشقۇرۇش خىراجەت ئۆلچىمى تۈزۈلۈپ بولدى.

لى جىلى

## يېزا ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشى ۋە ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى باشلاندى

1999 يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ يېزىلاردىكى ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشى ۋە ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنىڭ 1 - تۈركۈمدىكى قۇرۇلۇشى باشلاندى، ئۇنىڭغا 1 مىليارد 140 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىغان بولۇپ (كاپىتال مەبلىغى 228 مىليون يۈەن، بانكىدىن ئالىدىغان قەرز 912 مىليون يۈەن)، 9 - ئايدا 1 مىليارد 82 مىليون 740 مىڭ يۈەن كۆلەمدىكى قۇرۇلۇشتا ئىش باشلاش پىلانى چۈشۈرۈلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە 41 ناھىيە، شەھەرنىڭ 342 تۈرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 13 ناھىيىنىڭ پۈتكەن قۇرۇلۇشىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش، 11 ناھىيىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن تاماملانغان قۇرۇلۇشى شۇنىڭدەك بىر قىسىم 110 كىلوۋولتلۇق توك ئۆزىتىش - بېسىم ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى مۇھىم نۇقتا قىلىندى. 2 - تۈركۈمدە يېزىلاردىكى ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشى ۋە ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىغا 760 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلانغانىدى (كاپىتال مەبلىغى 152 مىليون يۈەن، بانكىدىن ئالىدىغان قەرز 608 مىليون يۈەن)، 11 - ئايدا 812 مىليون 120 مىڭ يۈەن كۆلەمدە قۇرۇلۇش باشلاش پىلانى چۈشۈرۈلدى (1999 - يىلى 1 - تۈركۈمدىن قېپقالغان 52 مىليون 120 مىڭ يۈەنمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، ئاپتونوم رايون بويىچە 59 ناھىيىنىڭ 387 تۈرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

يىل ئاخىرىغا قەدەر دۆلەت ئاپتونوم رايوننىڭ يېزىلاردىكى ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشى ۋە ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىغا جەمئىي 4 تۈركۈم مەبلەغ سېلىش پىلانى چۈشۈردى (1998 - يىلى 2 تۈركۈم، 1999 - يىلى 2 تۈركۈم)، جەمئىي سالغان مەبلەغ 2 مىليارد 985 مىليون يۈەنگە، ئەمەلىيلەشكەن مەبلەغ 1 مىليارد 313 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە، چۈشۈرۈپ بېرىلگەن مەبلەغ 1 مىليارد 171 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1998 - يىل 9 - ئايدىن 1999 - يىل 11 - ئايغىچە سىغىمى 384.3 كىلوۋولت ئامپېرلىق، 110 كىلوۋولتلۇق 18 ترانسفورماتور پونكىتى يېڭىدىن قۇرۇلدى ۋە ئۆزگەرتىلدى، 110 كىلوۋولتلۇق 654.2 كىلومېتىر لىنىيە يېڭىدىن قۇرۇلدى ۋە ئۆزگەرتىلدى، 35 كىلوۋولتلۇق 1838.4 كىلومېتىر لىنىيە، 10 كىلوۋولتلۇق 7507.7 كىلومېتىر لىنىيە، 5061.1 كىلومېتىر تۆۋەن بېسىملىق لىنىيە يېڭىدىن قۇرۇلدى ۋە ئۆزگەرتىلدى، سىغىمى 204.7 كىلوۋولت ئامپېرلىق 3252 توك تەقسىملىگۈچى ترانسفورماتور كۆپەيتىلدى ۋە ئالماشتۇرۇلدى.

لى جىلى

## ئۈرۈمچىدىكى شەھەر ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى

1999 - يىلى ئۈرۈمچى شەھەر تورى قۇرۇش ۋە ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىدا ساغلاملىق يولى، چاڭجىن يولى، خەلق باغچىسىدا يېڭىدىن 110 كىلوۋولتلۇق 3 ترانسفورماتور پونكىتى قۇرۇپ، توك ئۆزگەرتىش سىغىمىنى 240 مېگاۋولت ئامپېر كۆپەيتىش، 110 كىلوۋولتلۇق 105 كىلومېتىر لىنىيىنى يېڭىدىن قۇرۇش، 110 كىلوۋولتلۇق 5.3 كىلومېتىر لىنىيىنى ئۆزگەرتىش پىلانلانغانىدى، 10 كىلوۋولتلۇق 250 كىلومېتىر لىنىيىنىڭ ئىزولياتورلۇق ئۆتكۈزگۈچ سىمىنى ئالماشتۇرۇش، خوراش نىسبىتى يۇقىرى 200 توك تەقسىملىگۈچى ترانسفورماتورنى ئالماشتۇرۇش، 40 تۆۋەن بېسىملىق توك تەقسىملىگۈچى ترانسفورماتور رايونىنى ئۆزگەرتىش، 83 كىلومېتىر نۇركابېل يولى قۇرۇلۇشى، 10 كىلوۋولتلۇق ئاسما لىنىيىدىكى 92 تۇتاشتۇرغۇچ ۋە بۆلەكلەر بويىچە يول ئۈزگۈچنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش ۋەزىپىسى تاماملاندى. شەھەر قۇرۇلۇشىنى ئۆزگەرتىشكە بىرلەشتۈرۈپ ئېلېكتر ياكى مەركەزلەشكەن سودا رايونى جۈگەن يولىدا شەھەر مەمۇرىيىتىنىڭ مەبلەغ چىقىرىشى بىلەن ئېلېكتر كابېلى يولى قۇرۇلۇشى تاماملانغاندىن كېيىن، ئېلېكتر شىركىتى 4.2 كىلومېتىر 10 كىلوۋولتلۇق قوش زەنجىرلىك ئاسما لىنىيىدىكى 8 كىلومېتىر ئېلېكتر كابېلىنى يەر ئاستىغا كىرگۈزدى، تۆۋەن بېسىملىق ئېلېكتر قۇۋۋىتى ئىستېمالچىلىرى ئۈچۈن 4 كىلومېتىر ئېلېكتر كابېلىنى ئالماشتۇردى، 100 دىن ئارتۇق يۇقىرى، تۆۋەن بېسىملىق

ئېلېكتر لىنىيىسى ستولبىسىنى ئېلىۋەتتى، ساندۇقسىمان ترانسفورماتور پونكىتىدىن 8 نى يېڭىدىن قوردى، بۇنىڭ بىلەن بۇ رايوندا 4 ئېلېكتر قۇۋۋىتى مەنبەسى ھالقىسىمان توردا توك تەمىنلەيدىغان بولۇپ، توك تەمىنلەش ئىشەنچلىك بولدى. ئۈرۈمچى شەھەر تورىنىڭ 1 -، 2 - قېتىملىق قۇرۇلۇشى شۇنىڭدەك ئاپتوماتىك قۇرۇلمىسىنى قۇرۇش ۋە ئۆزگەرتىش پىلان بويىچە يولغا قويۇلۇپ، يىل ئاخىرىغا قەدەر قۇرۇلۇشنىڭ 71% ى ئورۇندالدى.

چې يۇڭ

## سۇ ئورنىنى ئاپتوماتىك ئۆلچەپ مەلۇم قىلىش سىستېمىسى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون تۇنجى يۈرۈش سۇ ئورنىنى ئاپتوماتىك ئۆلچەپ مەلۇم قىلىش سىستېمىسىنى تاغ ئاغزى سۇ ئامبىرىدا سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەتتى.

تاغ ئاغزى سۇ ئامبىرىدىكى سۇ ئورنىنى ئاپتوماتىك ئۆلچەپ مەلۇم قىلىش سىستېمىسى بىر نۇقتىلىق جىسىم ئورنىنى ئۆلچەش، قوش نۇقتىلىق جىسىم ئورنىنى ئۆلچەش، زەربىنى ئازايتىدىغان ئۇلانما ئېغىزلىق ئالماشتۇرغۇچ، قولدا ئېلىپ يۈرۈيدىغان تەرتىپ تۈزگۈچ، ئېنېرگىيە ئالماشتۇرغۇچ قاتارلىق قىسىملاردىن تەركىب تاپقان. ئاپتوماتىك ئۆلچەپ مەلۇم قىلىش سىستېمىسىدا ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنى ئارقىلىق سۇ ئورنىنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەش ئۇسۇلى قوللىنىلغان بولۇپ، كومپيۇتېر بىلەن تىزگىنلەش ئارقىلىق سۇ ئامبىرىدىكى سۇ ئورنى، ئاخىرقى سۇ ئورنى، قاشا ئىچىدىكى سۇ ئورنى، توغان رايونىنىڭ ھاۋا تېمپېراتۇرىسى، سۇ ئامبىرىدىكى سۇ تېمپېراتۇرىسى قاتارلىقلارنى ئۆلچىگىلى بولىدۇ ھەمدە مۇشۇ سان سىگناللارنى توغان دىجورنىخانىسىغا، ئېلېكتر ئىستانسىسىغا، ئېلېكتر تورى تەڭشەش ئىشخانىسىغا يەتكۈزۈپ بەرگىلى بولىدۇ، دېمەك ئىش ئۈنۈمى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

تاغ ئاغزى سۇ ئامبىرىنىڭ توغىنى قايدۇ دەرياسىغا جايلاشقان بولۇپ، ئېگىزلىكى 72 مېتىر كېلىدۇ، بۇ توغان ئاپتونوم رايوندىكى ھازىرغا قەدەر دەرياغا سېلىنغان ئەڭ ئېگىز توغان بولۇپ، بۇ سۇ ئامبىرىغا نورمال ھالەتتە توپلانغان سۇ ئورنى 1406 مېتىر، سىغىمچانلىقى 28 مىليون 800 مىڭ كۇب مېتىر كېلىدۇ، بۇ توغان ئېلېكتر ئىستانسىسىغا سۇ يەتكۈزۈپ بېرىپ، ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ بىخەتەر توك تەمىنلەش ۋەزىپىسىنى كاپالەتلەندۈرۈش بىلەن بىرگە، تۆۋەن ئېقىندىكى يەنجى ئويمانلىقىغا كېلىدىغان كەلكۈن سۈيىنى يىغىۋېلىش، كەلكۈننىڭ ئالدىنى ئېلىش - تۆۋەنلەپ كەتكەن سۇ ئورنىنى تولۇقلاش، كەلكۈن پەللىسىنى تەڭشەش رولىنى ئوينايدۇ، ئاپتوماتىك ئۆلچەپ مەلۇم قىلىش سىستېمىسى ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، توغاننىڭ ئومۇمىي جەھەتتىكى تېخنىكا سانلىق مەلۇماتلىرىنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ تۇرۇشقا قولايلىق يارىتىلدى.

يەن لىشاڭ

# پولات - تۆمۈر سانائىتى

## پولات - تۆمۈر سانائىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ پولات - تۆمۈر، كۆمۈر - كوكس خىمىيە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ پولات رېسسور چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ پولات - تۆمۈر «بويى» سانائەت - سودا شىركىتى، شىنجاڭ پولات - تۆمۈر ماشىنىسازلىق - قۇراشتۇرۇش شىركىتى، شىنجاڭ يامانسۇ كېنى، شىنجاڭ پولات - تۆمۈر قېتىشمىسى زاۋۇتى، شىنجاڭ خېجىڭ پولات - تۆمۈر زاۋۇتى، شىنجاڭ تيەنلۇڭ پولات - تۆمۈر زاۋۇتى، شىنجاڭ پولات - تۆمۈر زاۋۇتىغا قاراشلىق كارخانىلار شىركىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 2 - پولات - تۆمۈر زاۋۇتى، شىنجاڭ ئوتقا چىدامىلىق ماتېرىياللار سانائىتى باش شىركىتى قاتارلىق 13 پولات - تۆمۈر كارخانىسىنىڭ ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، ئۇلارنىڭ 1999 - يىلدىكى مۈلۈك ئومۇمىي سوممىسى 5 مىليارد 570 مىليون يۈەنگە يەتكەن. مۇشۇ يىلدىكى سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 663 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 1 مىليارد 765 مىليون يۈەن) گە، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 672 مىليون يۈەنگە، ئاكتىپ - پاسسىپ نىسبىتى 69.34% كە يەتكەن. 1 مىليارد 485 مىليون 700 مىڭ توننا تۆمۈر رۇدىسى (764 مىڭ 500 توننا تەييار رۇدا)، 1 مىليون 323 مىڭ 800 توننا كاللەك تۆمۈر رۇدىسى تەييارلانغان، بۇنىڭ ئىچىدە كۆيدۈرۈلگەن رۇدا 932 مىڭ 800 توننا، كاللەك رۇدا 401 مىڭ 900 توننا. 1 مىليون 12 مىڭ 900 توننا چويۈن ئىشلەپچىقىرىلغان، بۇنىڭ ئىچىدە پولات تاۋلاشقا ئىشلىتىلىدىغان چويۈن 951 مىڭ 500 توننا. 1 مىليون 55 مىڭ 900 توننا پولات ئىشلەپچىقىرىلغان، بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى پولات 957 مىڭ توننا، ئەلا سۈپەتلىك پولات 98 مىڭ 900 توننا. 1 مىليون 173 مىڭ توننا پولات ماتېرىيال ئىشلەپچىقىرىلغان، بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى پولات ماتېرىيال 1 مىليون 85 مىڭ 900 توننا، ئەلا سۈپەتلىك پولات ماتېرىيال 87 مىڭ 100 توننا. كەپشەرلەپ ئۇلانغان پولات تۇرۇبا 102 مىڭ 300 توننا. 925 مىڭ 200 توننا كوكس

ئىشلەپچىقىرىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە مېتاللىچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان كوكس 543 مىڭ 400 توننا. 37 مىڭ 500 توننا ئوتقا چىدامىلىق خىش ئىشلەپچىقىرىلغان، بۇنىڭ ئىچىدە سېغىز توپىدىن ئىشلەنگەن خىش 37 مىڭ 400 توننا. 12 مىڭ 600 توننا تۆمۈر قېتىشمىسى (كرېمنىيلىك تۆمۈر) ئىشلەپچىقىرىلغان. 7207.518 توننا ئاپتوموبىل رېسورى ئىشلەپچىقىرىلغان. مەھسۇلات سېتىشتىن قىلىنغان كىرىم 2 مىليارد 644 مىليون يۈەنگە، سېتىشتىن پارتىلىغان مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 564 مىليون يۈەنگە، پايدا - باج ئومۇمىي سوممىسى 422 مىليون يۈەنگە يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە پايدا 39 مىليون 490 مىڭ يۈەن. پايدا ئالغان كارخانىلارنىڭ پايدا سوممىسى 87 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە يەتكەن، زىيان تارتقان كارخانىلارنىڭ زىيان سوممىسى 48 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە خېجاڭ پولات - تۆمۈر زاۋۇتى 16 مىليون 840 مىڭ يۈەن زىيان تارتىپ، زىيان 1998 - يىلدىكىدىن 4 مىليون 80 مىڭ يۈەن كۆپەيگەن؛ ئىلى پولات - تۆمۈر زاۋۇتى 420 مىڭ يۈەن زىيان تارتىپ، زىيانى 660 مىڭ يۈەن ئازايتقان؛ تيەنلۇڭ پولات - تۆمۈر زاۋۇتى 1 مىليون 990 مىڭ يۈەن زىيان تارتىپ، زىيانى 1 مىليون 240 مىڭ يۈەن ئازايتقان؛ ئۈرۈمچى 2 - پولات - تۆمۈر زاۋۇتى 26 مىليون 740 مىڭ يۈەن زىيان تارتىپ، زىيانى 6 مىليون 850 مىڭ يۈەن ئازايتقان.

لو يىڭپىڭ

## شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن 1999 - يىلى شىنجاڭ پولات - تۆمۈر (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ نامى شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىگە ئۆزگەردى (قىسقارتىپ شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر (گۇرۇھى) شىركىتى دەپ ئاتالدى). ئۇنىڭ 1999 - يىلنىڭ ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىسى 23 مىڭ 887 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە قۇرۇلۇش تېخنىك خادىمى 1416، باشقۇرۇش خادىمى 2532. يىللىق ئومۇمىي مائاش سوممىسى 262 مىليون 500 مىڭ يۈەن، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە مائاش 10 مىڭ 941 يۈەن. تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 4 مىليارد 438 مىليون يۈەن، ساپ قىممىتى 3 مىليارد 354 مىليون يۈەن.

بۇ شىركەت 1999 - يىلى 1 مىليون 19 مىڭ 300 توننا پولات، 978 مىڭ 100 توننا پولات ماتېرىيال، 958 مىڭ 900 توننا چويۈن، 532 مىڭ 600 توننا كوكس، 7210 توننا پولات رېسور، 667 مىڭ 100 توننا ئەسلى مىنېرال تۆمۈر رۇدىسى ئىشلەپچىقاردى. مۇشۇ يىلدا 854 مىڭ 800 توننا پولات ماتېرىيال ساتتى، ئىشلەپچىقىرىلىش - سېتىلىش نىسبىتى %95.18 بولدى؛ ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 1 مىليارد 704 مىليون يۈەن بولۇپ، %5.62 ئاشتى). سانائەت قوشۇلما قىممىتى 693 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %5.04 ئاشتى. مەھسۇلات سېتىشتىن قىلىنغان كىرىم 2 مىليارد 178 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %11.45 ئازايدى؛ پايدا - باج ئومۇمىي سوممىسى 179 مىليون 500 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە پايدا 420 مىڭ يۈەن بولۇپ، %65.57 ئازايدى. يىل ئاخىرىدىكى مۈلۈك سوممىسى 7 مىليارد 123 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %14.12 ئاشتى؛ تۇراقسىز مۈلكى 2 مىليارد 193 مىليون يۈەن بولۇپ، %6.62 ئاشتى؛ قەرزى 5 مىليارد 366 مىليون يۈەن بولۇپ، %24.64 كۆپەيدى (تۇراقسىز قەرزى 1 مىليارد 919 مىليون يۈەن بولۇپ، %3.74 ئازايدى). مەھسۇلات سېتىش تەننەرخى 1 مىليارد 833 مىليون يۈەن بولۇپ، %14.34 چۈشتى؛ مەھسۇلات سېتىش خىراجىتى 46 مىليون 570 مىڭ يۈەن بولۇپ، %38 كۆپەيدى، باشقۇرۇش خىراجىتى 218 مىليون 110 مىڭ يۈەن بولۇپ، %13.4 كۆپەيدى؛ مالىيە خىراجىتى 147 مىليون 760 مىڭ يۈەن بولۇپ، %22.77 كۆپەيدى. تۇراقلىق مۈلۈككە 666 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سالغىنى 123 مىليون يۈەن، يېڭىلاش - ئۆزگەرتىشكە سالغىنى 543 مىليون يۈەن.

1999 - يىلى شىركەت بويىچە 2 تېما ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە «دومنا پېچتا پۈركۈلىدىغان كۆمۈر سۈپىتىنىڭ خۇسۇسىيىتى ئۈستىدىكى تەتقىقات» ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، «H08A پولاتنى ئوكسىگېنسىزلاندۇرۇش تېخنىكىسى» 4 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. مۇشۇ يىلدا جەمئىي 10 تېما ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلدى، بۇنىڭ 6 سى باھالاشتىن ياكى تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى. «تۆۋەن كاربونلۇق، تۆۋەن كرېمنىيلىق سوغۇق تارتىشقا ئىشلىتىلىدىغان پولاتنى پىلتە پولات قىلىپ ئارقىمۇ ئارقا قۇيۇش تېخنىكىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات» 10 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى. بۇ تېمىدا تۆۋەن كاربونلۇق تۆۋەن كرېمنىيلىق سوغۇق تارتىشتا ئىشلىتىلىدىغان پولاتتى ئوكسىگېنسىزلاندۇرۇش ھۈنەر - سەنئىتى ئۈستىدە تەتقىقات

ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، بۇ خىل پولاتنى پەلتە پولات قىلىپ ئارقىمۇ ئارقا قۇيۇشقا ئاساس سېلىنغان. «1 - ئاۋغۇست، زاۋۇتىنىڭ رېسسور پولىتىنى پەلتە پولات قىلىپ ئارقىمۇ ئارقا قۇيۇش ھۈنەر - سەنئىتى ۋە ئۇنىڭ سۈپىتى ئۈستىدىكى تەتقىقات» 12 - ئايدا شى ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى. بۇ تېمىدا بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىشلەپچىقىرىش نەق مەيدانىدا سىناق قىلىش ۋە ئۇنىڭ سۈپىتى ئۈستىدە ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق كۆزلىگەن نىشان ۋە ۋەزىپە ئورۇندالدى ھەمدە توركۆملەپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، ماتېرىيالغا ئايلىنىش نىسبىتى قېلىپلىق قۇيۇشقا قارىغاندا %8 — %10 ئۆستى. «بىۋاسىتە ئوكسىدسىزلانغان تۆمۈرگە ئوكسىدسىزلانغان يېقىلغۇ ئىشلىتىش تەجرىبىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات»، «مىڭكو تۆمۈر رۇدىسى كېيىندىكى رۇدا تاللاش لىنىيە سىنىقى تەتقىقاتى» 6 - ئايدا شىركەتنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى، «20MnS1 رېزبىلىق پولات چۇۋۇقنىڭ چىۋۇقلىشىپ سۇنۇشى ئۈستىدىكى تەتقىقات» 12 - ئايدا شىركەتنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

لو يىڭپىڭ

## شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» گۇرۇھ شىركىتىنىڭ يادرو كارخانىسى. 1999 - يىلدىكى ئىشچى - خىزمەتچىسى 9996، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشچى 8159، قۇرۇلۇش تېخنىك خادىمى 660، باشقۇرۇش خادىمى 989. تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 2 مىليارد 767 مىليون يۈەن، ساپ قىممىتى 2 مىليارد 159 مىليون يۈەن. ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرى: ئەلا سۈپەتلىك شەكىللىك ئېلاستىك ياپىلاق پولات، ئېلاستىك يۇمىلاق پولات؛ ئادەتتىكى چوڭ شەكىللىك ياپىلاق پولات، يۇمىلاق پولات؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا، كىچىك شەكىللىك قىرلىق پولات، يۇمىلاق پولات، رېزبىلىق پولات، ياپىلاق پولات؛ ئەلا سۈپەتلىك پولات ماتېرىيال قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

1999 - يىلى 921 مىڭ 900 توننا كۆيدۈرۈلگەن رۇدا، 308 مىڭ 100 توننا كاللەك تۆمۈر رۇدىسى؛ 940 مىڭ توننا چويۇن، بۇنىڭ ئىچىدە پولات تاۋلاشقا ئىشلىتىلىدىغان چويۇن 933 مىڭ 200 توننا؛ 926 مىڭ 500 توننا پولات؛ 903 مىڭ 100 توننا پولات ماتېرىيال ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 265 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا) بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن %4.24 ئازايدى؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 475 مىليون يۈەن بولۇپ، %4.78 ئازايدى؛ سېتىش كىرىمى 1 مىليارد 623 مىليون يۈەن بولۇپ، %13.21 ئازايدى؛ مەھسۇلات سېتىش تەننەرخى 1 مىليارد 390 مىليون يۈەن بولۇپ، %15.56 تۆۋەنلىدى؛ باشقۇرۇش خىراجىتى 63 مىليون 840 مىڭ يۈەن بولۇپ، %51.82 كۆپەيدى؛ مالىيە خىراجىتى 88 مىليون 790 مىڭ يۈەن بولۇپ، %4.77 ئازايدى؛ سېتىش خىراجىتى 27 مىليون 700 مىڭ يۈەن بولۇپ، %64.89 ئاشتى؛ پايدا - باج ئومۇمىي سوممىسى 145 مىليون 970 مىڭ يۈەن بولۇپ، %13.34 ئازايدى (بۇنىڭ ئىچىدە پايدا 43 مىليون 980 مىڭ يۈەن بولۇپ، %26.82 ئازايدى)؛ مۈلۈك ئومۇمىي سوممىسى 3 مىليارد 739 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %14.18 ئاشتى، تۇراقسىز مۈلكى 1 مىليارد 388 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %3.6 ئاشتى؛ ئومۇمىي قەرزى 2 مىليارد 534 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %20.29 كۆپەيدى؛ ئومۇمىي خادىم ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى كىشى بېشىغا 51 مىڭ 521 يۈەن بولۇپ، ئادەم بېشىغا 495 يۈەن ئازايدى.

1999 - يىلى شىركەتنىڭ تاللىنىدىغان ئەسلى رۇدا سورتى %53.56، خىللانغان رۇدا سورتى %65.62؛ كۆيدۈرۈلگەن رۇدىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %57.22، سورت نىسبىتى %52.34، داشقال نىسبىتى %20.33؛ كاللەك رۇدىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %81.12، سورت نىسبىتى %62.05، داشقال نىسبىتى %7.53؛ تاۋلانغان تۆمۈرنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %99.98، رۇدا سەرپىياتى بىر توننىدا 1691 كىلوگرام، ئۇنىۋېرسال كوكس نىسبىتى بىر توننىدا 568 كىلوگرام، پۈركۈلگەن كۆمۈر تالقىنى 1 توننىدا 136 كىلوگرام، پىچقا سېلىنغان كوكس نىسبىتى بىر توننىدا 459 كىلوگرام، پېچتىن پايدىلىنىش كوئېففىتسېنتى كۇنىگە 2.535 توننا - كۇب مېتىر، شامال توختىتىش نىسبىتى %3.94، شامالنىڭ ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 1035℃، مېتال تاۋلاش سىجىللىقى كۇنىگە 1.199 توننا - كۇب مېتىر؛ پېچ ئالماشتۇرۇپ تاۋلىغان پولاتنىڭ لاياقەتلىك نىسبىتى %99.72، پولات - تۆمۈر ماتېرىياللىرىنىڭ سەرپىياتى بىر توننىدا 1118 كىلوگرام، ئوكسىگېن سەرپىياتى بىر توننىدا 62 كۇب مېتىر، كالىبىندارلىق پايدىلىنىش كوئېففىتسېنتى كۇنىگە 97.29 توننا، كالىبىندارلىق مەشغۇلات نىسبىتى %81.06، پېچ ئىچى يۈزلۈكىنىڭ ئۆمرى 1101 پېچ؛ ئېلېكتر ئوچاقتا تاۋلىغان پولاتنىڭ لاياقەتلىك نىسبىتى %98.08، مېتالنىڭ پېچتىكى سەرپىياتى بىر توننىدا 1065 كىلوگرام، توك سەرپىياتى بىر

تونندا 436 كىلوۋات سائەت، ئوكسىگېن سەرپىياتى بىر تونندا 57 كۇب مېتىر، ئېلېكترود سەرپىياتى بىر تونندا 5 كىلوگرام، پايدىلىنىش كوئېففىتسېنتى كۈنىگە 25.73 توننا MVA، كالىبندارلىق مەشغۇلات نىسبىتى 96.07%؛ پولات تاۋلاشتا ئارقىمۇ ئارقا قۇيۇلغان پىلتە پولاتنىڭ لاياقەتلىك نىسبىتى 99.60%، ئارقىمۇ ئارقا پىلتە پولات قۇيۇش نىسبىتى 100%، كالىبندارلىق مەشغۇلات نىسبىتى 71.39%، ئۈسكۈنىنىڭ سائەتلىك مەھسۇلاتى 48.76%، پولات ماتېرىيالنىڭ لاياقەتلىك نىسبىتى 98.72%، ئۈنىۋېرسال ماتېرىيالغا ئايلىنىش نىسبىتى 97.57%، پولات ماتېرىيال پروكاتلاش ئىش تەرتىپىدىكى ئېنېرگىيە سەرپىياتى بىر تونندا 97 كىلوگرام، پروكاتلاش ماشىنىسىنىڭ مەشغۇلات نىسبىتى 60.87% بولدى.

1999 - يىل 5 - ئايدا «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىگە مەملىكەتلىك مىتالچىلىق سېپىدىكى ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەتتە ئۈلگىلىك كارخانا دېگەن نام بېرىلدى. شىركەت پارتكوم شۇجىسى ۋاڭ فۇخېڭغا مەملىكەتلىك مىتالچىلىق كارخانىلىرى بويىچە ئۈلگىلىك ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەت خادىمى دېگەن نام بېرىلدى.

لو يىڭپىڭ

## ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە ئۆزگەرتىش ئەھۋالى

1999 - يىلى شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى تۇراقلىق مۈلۈككە 666 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سالغىنى 123 مىليون يۈەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سالغىنى 543 مىليون يۈەن. تۆمۈر تاۋلاشقا ئىشلەتكىنى 39 مىليون 60 مىڭ يۈەن، پولات تاۋلايدىغان 70 توننىلىق ئېلېكتر يايسىمان پېچقا ئىشلەتكىنى 471 مىليون 280 مىڭ يۈەن، باشقا تۈرلەرگە ئىشلەتكىنى 156 مىليون 90 مىڭ يۈەن. شىركەتنىڭ 70 توننىلىق ئېلېكتر يايسىمان پېچى 23 ئاي قۇرۇلۇش قىلىش ئارقىلىق 1999 - يىل 10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى بىر قېتىمدىلا قىزىتىپ سىناق قىلىپ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى، بۇ قۇرۇلۇشتىكى ئاساسلىق ئۈسكۈنىلەر گېرمانىيە مانىسمان. دېماگ (MANNESMANN. DEMAG) شىركىتىدىن، ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى فرانسىيە سېگېلېك (CEGELEC) شىركىتىدىن كىرگۈزۈلدى، ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىدىكى پېچ گەۋدىسى ئاجرايدۇ، پېچ تەگلىكى مۇقىملاشتۇرۇلمىغان، پېچ دىۋارى ۋە پېچ يانپىقى تۇرۇبىلىق سۇ بىلەن سوۋۇتۇلىدۇ، پولات مەركەزدىن قاچۇرۇلغان پېچ ئاستىدىن چىقىدۇ، تامامەن سۇيۇقلۇق بېسىمى بىلەن باشقۇرۇلىدۇ، ئۇنىڭدا PLC ۋە پۈتۈن جەريانلىق كونترول قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ ئاساسىي ۋە پۈتۈن جەريان ئاپتوماتلاشتۇرۇپ باشقۇرۇلغان بولۇپ، لايىھەدىكى يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 600 مىڭ توننا، جەمئىي 580 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

تۆمۈر تاۋلاش زاۋۇتىنىڭ 310 كۇب مېتىرلىق دومنا پېچىنى 380 كۇب مېتىرلىق قىلىپ ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى 55 كۈندە پۈتۈپ 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، ئۇنىڭ لايىھەدىكى يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 320 مىڭ توننا. بۇ قۇرۇلۇش دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئوخشاش خىلدىكى دومنا پېچلار ئارىسىدىكى ئىلغار تېخنىكا قوللىنىلىدىغان قىلىپ لايىھەلەنگەن، ئۈسكۈنىلەرنىڭ قۇراشتۇرۇلۇش سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى بولدى. دومنا پېچ چوڭ كېشەك قۇرۇلمىلىق بولۇپ، پېچنىڭ ئۇچىغا ماتېرىيال تۆكىدىغان، قوڭغۇراق چېلىش ئۈسكۈنىسى ئورنىتىلغان؛ پېچ گەۋدىسى سوۋۇتۇشتا يۇمشاق سۇنى قېتىغا ئېلىپ ئايلاندۇرۇش ئەسۋابى ئورنىتىلغان؛ پېچ تەكتى ۋە پېچ ساپىلى ئىچ يۈزلۈكى تۆۋەن ئۆتۈملۈك، تۆشۈكلۈك، ئۆزلۈكىدىن ئېرىيدىغان كاربونلۇق خىش ۋە قوڭۇر ياقۇتلۇق فارفور لوڭقا قۇرۇلمىلىق؛ باشقۇرۇش مەشغۇلاتىدا كىرىست شەكىلدىكى تېمپېراتۇرا ئۆلچەش تېخنىكىسى، كومپيۇتېر ئارقىلىق ئاپتوماتىك كونترول قىلىش تېخنىكىسى ۋە يېڭى ھۈنەر - سەنئەت قوللىنىلغان بولۇپ، ھەم دومنا پېچ ئاپتوماتىك باشقۇرۇلىدىغان بولدى، ھەم دومنا پېچنىڭ مىتال تاۋلاش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشكە شارائىت ھازىرلاندى. «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ دۆلەت ئىقتىساد - سودا كومىتېتى تەستىقلىغان يۇقىرى سۈرئەتلىك سىم ماتېرىياللىرى پروكاتلاش ماشىنىسىدىكى تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى قۇرۇلۇشى 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى باشلاندى، بۇ خىل پروكاتلاش ماشىنىسىنىڭ لايىھەدىكى يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 400 مىڭ توننا، ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر - سەنئىتىدە خەلقئارادىكى ھازىرقى زامان ئىلغار پولات پروكاتلاش ھۈنەر - سەنئىتى ۋە 2 دەرىجىلىك ئاپتوماتىك كونترول قىلىش سىستېمىسى قوللىنىلغان، بولۇپمۇ سىيلىق پروكاتلاشتا رادىئالنى كېمەيتىپ بېكىتىش ماشىنىسى تېخنىكىسىدىن ئىبارەت خەلقئارادىكى ئەڭ يېڭى تېخنىكا قوللىنىلغان بولۇپ، يۇقىرى ئۈنۈم، ئېنېرگىيە تېجەش، مۇھىت ئاسراش مۇجەسسەملەشكەن ئىلغار پولات پروكاتلاش ماشىنىسى ھېسابلىنىدۇ.

لو يىڭپىڭ

## تېخنىكا تەرەققىياتى ۋە يېڭى مەھسۇلات يارىتىش ئەھۋالى

1999 - يىلى شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر

چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ تۆمۈر تاۋلاش زاۋۇتى تويۇنغان لوكسىگېن بىلەن كۆمۈر پۈركۈشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يېقىلغا سېلىنىدىغان كوكس نىسبىتىنى 1998 - يىلدىكى ھەر توننىدا 512 كىلوگرامدىن 458.82 كىلوگرامغا ئازايتىپ، 50 توننا كوكس تېجەپ قالدى. پولات تاۋلاش زاۋۇتى ئارقىمۇئارقا پىلتە پولات قۇيۇشنى مەركەز قىلىپ، ئارقىمۇئارقا پىلتە پولات قۇيۇش نىسبىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، 1998 - يىلدىكى 80.8% تىن 100% كە ئۆستۈرۈپ، تامامەن ئارقىمۇ ئارقا پىلتە پولات قۇيىدىغان بولدى. پولات پروكاتلاش زاۋۇتى ھەر قېتىم قىزدۇرۇشتا يۇتتۇرۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەر قېتىم قىزدۇرۇشتا يۇتتۇرۇشنى 1998 - يىلدىكى 71.61% تىن 100% كە ئۆستۈرۈپ، تامامەن ھەر قېتىم قىزدۇرۇشتا يۇتتۇرىدىغان بولدى، يىرىك ماتېرىيالنى 213 مىڭ توننا ئاز ئىشلەتتى. سىم ماتېرىياللىرى ماشىنا گۇرۇپپىسى ئارقىمۇ ئارقا پىلتە پولات قۇيىدىغان چالا ماتېرىيالنى قىزىق قاچىلاش نىسبىتىنى 60% كە يەتكۈزۈپ، 234 مىڭ 800 توننا ئارقىمۇ ئارقا پىلتە پولات قۇيۇش يىرىك ماتېرىيالىنى قىزىق قاچىلاپ، 4 مىليون 696 مىڭ يۈەننى تېجەپ قالدى. سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىدا ماي ئورنىغا گاز ئىشلىتىپ 17 مىليون توننىدىن كۆپرەك مايىنى تېجەپ قالدى، بۇنىڭ قىممىتى 1 مىليون 970 مىڭ يۈەن. ھەر توننا پولاتتىكى ئومۇمىي سالا ئېنېرگىيە سەرپىياتى 885.5 كىلوگرام بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 3.6 كىلوگرام ئازايتتى. ھەر يىلدا 3335 توننا ئېنېرگىيە تېجەپ قالدى، بۇنىڭ قىممىتى 1 مىليون 520 مىڭ يۈەن.

1999 - يىلى يېڭى مەھسۇلات ئۈزلەشتۈرۈش سالمىقىنى زورايتىپ، نېفىتتە ئىشلىتىلىدىغان شتانگا پولىتى، تۆمۈريولدا ئىشلىتىلىدىغان ئېلاستىكلىق يۇمىلاق پولات شۇنىڭدەك قېتىشما تەركىبلىك پولات، ئوتتۇراھال ماتېرىيال پولىتى قاتارلىق تۈرلەرنى ئۈزلەشتۈرۈپ، شىنجاڭ ۋە غەربىي شىمال رايونىدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى.

لو يىڭپىڭ

## رېسسور ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر گۇرۇھى رېسسور چەكلىك شىركىتىنىڭ 1999 - يىلدىكى تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 21 مىليون 240 مىڭ يۈەن، ساپ قىممىتى 13 مىليون 160 مىڭ يۈەن بولدى. مۇشۇ يىلدا جەمئىي 7207.518 توننا رېسسور ئىشلەپچىقاردى، 41 مىليون يۈەن مەبلەغنى يىغىۋالدى، سېتىش كىرىمىنى 42 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە، پايدا ۋە باجنى 3 مىليون 582 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى، بۇنىڭ ئىچىدە پايدا 550 مىڭ يۈەن. 11 خىل ئاپتوموبىل تۈرى بويىچە 20 خىل رېسسور ئۈزلەشتۈردى، مەھسۇلاتى 328.025 تونىنغا يەتتى، 15 تۈرلۈك مەھسۇلاتنى ھاۋالە بىلەن پىششىقلىدى، مەھسۇلاتى 56.864 توننىغا، مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1999 - يىلنىڭ بېشىدا رېسسور شىركىتى ئىشلەپچىقارغان «خۇلىي» ماركىلىق رېسسورغا جۇڭگو كارخانا باشقۇرۇش جەمئىيىتى، جۇڭگو كارخانىچىلار جەمئىيىتى، جۇڭگو كارخانا گېزىتى ئىدارىسى، كارخانا باشقۇرۇش ژۇرنىلى نەشرىياتى بىرلىشىپ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشلەك ئېچىۋېتىلگەن 20 يىلدىكى ئەڭ زور تەسىر كۆرسەتكەن ئىگە داڭدار ماركا دەپ نام بەردى. 5 - ئايدا شىركەتنىڭ ISO9002 سۈپەت سىستېمىسى جۇڭگو مېتاللۇرگىيە سانائىتى سۈپەت سىستېمىسى گۇۋاھلىقى مەركىزىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى ھەمدە سۈپەت گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى.

لو يىڭپىڭ

# رەڭلىك مېتال سانائىتى

## ئومۇمىي ئەھۋالى

1999 - يىلى شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى سىستېمىسىدا 22 كارخانا بولۇپ، يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىسى 13 مىڭ 259 (بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك كارخانا 2، ئىشچى - خىزمەتچىسى 2404). مۇشۇ يىلدا سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 804 مىليون يۈەنگە، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 248 مىليون يۈەنگە، ساتقان سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 881 مىليون يۈەنگە يەتتى. 10 خىل رەڭلىك مېتال مەھسۇلاتى 36 مىڭ 100 توننىغا، ئالىيۇمىن 31 مىڭ 300 توننىغا، نىكېل 1500 توننىغا، يۇقىرى نۇقتىدا قاتىدىغان نىكېل 8300 توننىغا، مىس 2500 توننىغا، قوغۇشۇن 7300 توننىغا يەتتى. ئىشلەپچىقىرىلغان قېزىلمىلار مەھسۇلاتى 18 مىڭ 700 توننىغا، مىس مېتال 8500 توننىغا، قوغۇشۇن 4800 توننىغا، نىكېل 3000 توننىغا، پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ماتېرىيال 4700 توننىغا، ئالتۇن 2023 كىلوگرامغا يەتتى.

شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى شىركىتىگە بىۋاستە قاراشلىق 8 كارخانىنىڭ مۇشۇ يىللىق سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 425 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا) گە، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 144 مىليون يۈەنگە، سېتىلغان سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 402 مىليون يۈەنگە، مەھسۇلاتلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش -

سېتىلىش نىسبىتى 100.85% كە، مەھسۇلات سېتىش مەبلىغىنىڭ يىغىۋېلىنىش نىسبىتى 99% كە، سېتىش كىرىمى 369 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئاساسلىق مەھسۇلاتلاردا يىللىق پىلان ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندالدى ياكى ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى، ئاساسلىق تېخنىكا - ئىقتىساد كۆرسەتكۈچلىرى ئۆبدان تىزگىنلەندى. مۇشۇ يىلدا يۇقىرى نۇقتىدا قاتتىغان نىكېل 8302 توننا ئىشلەپچىقىرىلىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 9.9% ئاشتى؛ ئېلېكترولىزلاشقان نىكېل 1547 توننا ئىشلەپچىقىرىلىپ، 1.7% ئاشتى؛ ئالىيۇمىن ئۆكچىسى 2234 توننا ئىشلەپچىقىرىلىپ، 8.1% ئاشتى؛ ئالتۇن 27.63 كىلوگرام ئىشلەپچىقىرىلىپ، 18.9% ئاشتى؛ ساپ تانتال - نىئوبىي رۇدىسى 61 توننا ئىشلەپچىقىرىلىپ، 52.5% ئاشتى؛ ساپ لىتىيلىق رۇدا 18 مىڭ 709 توننا ئىشلەپچىقىرىلىپ، 2.3% كېمەيدى؛ لىتىيلىق تۇز 3680 توننا ئىشلەپچىقىرىلىپ، 23.9% كېمەيدى. شىركەتنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى 9765، ئومۇمىي مۈلۈك سوممىسى 1 مىليارد 765 مىليون يۈەن، ئاكتىپ - پاسسىپ نىسبىتى 92.76% بولدى. شىركەت مۇشۇ يىلدا 31 مىليون 990 مىڭ يۈەن باج تاپشۇردى، 78 مىليون 650 مىڭ يۈەن زىيان تارتىپ، زىيانى 1998 - يىلدىكىدىن 88 مىليون 800 مىڭ يۈەن ئازايتتى.

فېڭ گوفۇ

## تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئەھۋالى

1999 - يىلى قاراتۇڭگى مىس - نىكېل كېنىنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى بولغان، كۈنىگە 1000 توننا رۇدا تاللاش زاۋۇتىنىڭ ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى پۈتتى؛ فۇكاڭ مېتاللچىلىق زاۋۇتىنىڭ قالدۇق داشقالدىن پايدىلىنىش بويىچە تېخنىكا ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىدا 4 - ئاينىڭ 16 - كۈنى قۇرۇلۇش باشلانغاندى، 12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى تۇنجى ئوقۇر ئېلېكترو مىس دۇنياغا كېلىپ، شۇ يىلى لايىھىلىنىپ شۇ يىلى قۇرۇلۇش قىلىنىپ شۇ يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

فېڭ گوفۇ

## كۆپ خىل ئىگىلىك ئەھۋالى

شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى شىركىتى سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ كىرگۈزۈش، ئىشچى - خىزمەتچىلەر مەبلەغ قوشۇش ئارقىلىق، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى نۇرباغ، لىيۇشەن، سەنگۇڭ رايونىدا ئۆي - زېمىن مۈلۈك تەرەققىياتى ئېلىپ باردى ھەمدە «جىنخۇي» ئۆي - زېمىن مۈلۈك تەرەققىيات شىركىتى قۇردى. نۇرباغدىكى كوچا بويىغا 120 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق بىنا سالدى، شىركەت يەر - زېمىنى مۈلۈككە ئالماشتۇرۇپ، سودا بازىرى ئاچىدىغان 35 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق ئۆي - مۈلۈككە ئېرىشتى. مۇشۇ يىلدا 45 مىڭ 400 كۋادرات مېتىرلىق تۇرالغۇ ئۆي سالدى، لىتىيلىق تۇز زاۋۇتى ۋە نۇرباغدىن ئىبارەت 2 كىچىك رايوندىكى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش تۈرى تەستىقلاندى. لىتىيلىق تۇز زاۋۇتى 2 ئاي ئىچىدە 500 مىڭ كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق تۇرالغۇ ئۆينى ئىسسىتىش ئىقتىدارىنى شەكىللەندۈرۈپ، بىكار تۇرۇپ قالغان مۈلۈكنى تىرىلدۈردى. ئۆي - مۈلۈك تەرەققىياتى ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى تەرەققىيات شىركىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى، مۇشۇ يىلدا 56 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق تۇرالغۇ ئۆي پۈتتى، مەھسۇلات قىممىتى 61 مىليون يۈەنگە يەتتى. كان ماشىنىسازلىق زاۋۇتىنىڭ ئالىيۇمىن سولياۋ تورۇبا ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى، لايىھىلەش يۇرتىنىڭ ئالىيۇمىن قېتىشمىسى زاۋۇتى، لىتىيلىق تۇز زاۋۇتىنىڭ كالىي ئوغۇتى ئىشلەپچىقىرىش تۈرى قاتارلىق كۆپ خىل ئىگىلىك تۈرلىرى تېز تەرەققىي قىلدى، ئىشى ئۆبدان يۈرۈشۈۋاتىدۇ.

فېڭ گوفۇ

# ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون سانائىتى

## ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون سانائىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1999 - يىلى شىنجاڭ ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون سانائىتىدىكى 98 كارخانىنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 995 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 778 مىليون 182 مىڭ يۈەنگە، سېتىش كىرىمى 3 مىليارد 186 مىليون 465 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇ كارخانىلارنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىسى 41 مىڭ 310، ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى كىشى بېشىغا (قوشۇلما قىممەت) 18 مىڭ 417 يۈەندىن توغرا كەلدى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ماشىنىسازلىق سانائىتىدە ئومۇمىي گەۋدە بويىچە ئەسلىگە كېلىش خاراكتېرلىك ئېشىش بولدى، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ۋە پايدىلىنىش ئۈنۈمدارلىقى ئۆرلەشكە باشلىدى، ئۈستۈنلۈككە ئىگە كارخانىلارنىڭ تۇرتكىسىدە پايدا ئېلىش سەۋىيىسى ئۆستى، لېكىن ئىشلەپچىقىرىش - سېتىشنى جىپسىلاشتۇرۇشتا زىددىيەت گەۋدىلىك بولدى. زىيان تارتقان كارخانا سانى ۋە زىيان سوممىسى داۋاملىق كۆپەيدى، كارخانىلارنىڭ تەرەققىيات

زاپاس كۈچى يوق، سىجىل تەرەققىيات ئاساسى يەنىلا خېلى ئاجىز، ئىقتىسادىي ئايلىنىش سۈپىتى ئۆسەلمەۋاتىدۇ.

ساقلانغان مەسىلىلەر: (1) خېلى بىر قىسىم دۆلەت كارخانىلىرى مۇشەققەت كۆلىگە قالدى، ئىسلاھ قىلىش ۋە تەڭشەش سالمىقى يېتەرلىك بولمىدى. (2) ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون ساھەسىنىڭ ئومۇمىي ساپاسى يۇقىرى كۆتۈرۈلمىدى، ئۆز - ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارى ئاجىز، بازارغا ئەگىشىش ئىقتىدارى كەمچىل. (3) كۆپ ساندىكى مەھسۇلاتلار ئېشىپ قالدى، تەمىنلەش تەلەپتىن ئېشىپ كەتتى، ئەمما يۇقىرى تېخنىكىلىق، قوشۇلما قىممىتى يۇقىرى مەھسۇلاتلارنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئىقتىدارى ئاجىز بولۇپ، بازار ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىدى. (4) دۆلەت كارخانىلىرىدا ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغانلار بارغانسېرى كۆپىيىپ، ئىجتىمائىي بېسىم ئېغىرلىشىپ كەتتى.

دۆلەك شۈجى

## بازار ۋە سېتىش ئەھۋالى

شىنجاڭ بىرلەشمە ماشىنىسازلىق (گۇرۇھ) شىركىتى ئۆزىنىڭ كۆلەم جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، پايدىنى ئۆتۈنۈش بازارنى ئۆتۈنمەسلىكنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاپتوماتىك كومبايىننىڭ ھەر بىرىنىڭ باھاسىنى 10 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا چۈشۈرۈپ سېتىپ بازارنى ئىگىلەپ، ئەسلىدە ئىگىلىگەن بازارنى ساقلاپ قالدى.

شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور چەكلىك پاي شىركىتى مۇۋەققەت دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا بازار ئېچىشقا قويۇپ، كاپىتالنى ئايلاندۇرۇش ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ، تۆۋەن تەننەرخلىق كېڭىيىشنى يولغا قويۇپ سىچۈەن، تيەنجىن قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ مەھسۇلات ماركىسى، تېخنىكا باشقۇرۇش جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىپ يېڭى بازار ۋە ساھە ئاچتى. 1999 - يىلى ئالاھىدە ترانسفورماتور مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ سىرتىغا سېتىلغان مەھسۇلات قىممىتى %60 نى ئىگىلىدى، ئىشلەپچىقىرىلىش - سېتىلىش نىسبىتى %80 ئاشتى، 8 مىليون يۈەن پايدا يارىتىلدى.

شىنجاڭ ئاپتوموبىل زاۋۇتى يېڭى مەھسۇلات يارىتىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، قابىل كۈچ تەشكىللەپ، 2×6 ۋە 4×6 يېڭى ئېغىر ئاپتوموبىلنى بازارغا سېلىپ، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشنى بىر ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشۇردى، سېتىشنى %84 ئاشۇرۇپ، زىيانىنى 20 مىليون يۈەندىن كۆپرەك ئازايتتى.

شىنجاڭ 3 - ئىستانوك زاۋۇتى نېفت ئۆزلەشتۈرۈش پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، كاچالكا ئىشلەپچىقىرىشتا ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان ھالقىلىق تېخنىكىدا چوڭ بۆسۈشكە ئېرىشىپ، نېفتلىك بازىرىنى ئېچىپ، كارخانىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى.

دۆلەك شۈجى

## ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە تېخنىكا ئۆزگەر- تىش ئەھۋالى

1999 - يىلى ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون سانائىتى نازارىتى 14 تۈرگە مەبلەغ سېلىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، 111 مىليون 40 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانىنى چۈشۈرگەندى، مۇشۇ يىلدا 78 مىليون 90 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى.

«شەرق شامىلى» ماشىنا - ئۈسكۈنە زاۋۇتىنىڭ BBM گوت ئۈچۈرۈش قۇرۇلمىسى تۈرى، ئۈرۈمچى پارقازان باش زاۋۇتىنىڭ بۇلغانغان سۇنى بىرتەرەپ قىلىش تۈرى، مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىل زاۋۇتىنىڭ مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش پارقازىنىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش تۈرى، ئاقسۇ ترانسفورماتور زاۋۇتى تۈرى، «قىزىل بايراق» ماشىنا - ئۈسكۈنە زاۋۇتىنىڭ قالدۇق پەردىنى يىغىۋېلىش تۈرى قاتارلىق تۈرلەرنى تۇرغۇزۇش توغرىسىدا تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلىپ، تەكشۈرۈش پىكىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

«شەرق شامىلى» ماشىنا - ئۈسكۈنە زاۋۇتىنى خەتەردىن قۇتۇلدۇرۇش يۈزىسىدىن كۆچۈرۈش ئىشى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتى ۋە دۆلەت ئىنېرگىيە تېجەشكە مەبلەغ سېلىش شىركىتى ماشىنىسازلىق ساھەسىنىڭ ئالدىنقى 10 يىلدىكى مەبلەغ سېلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش يۈزىسىدىن ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈش تەتقىق قىلىش خىزمىتى نۇقتىلىق ماسلاشتۇرۇلدى. 3 - ئىستانوك زاۋۇتىنىڭ قۇيمىچىلىق سېخىدىكى تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى پۈتۈپ تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى.

ماشىنىسازلىق ساھەسىنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش خىزمىتى راۋاج تاپالمىدى، بۇنىڭدا ئاساسەن مۇنداق بىرقانچە خىل ئەھۋال بار: (1) كۆپ ساندىكى كارخانىلار مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى تەڭشەۋاتىدۇ. (2) ئالدىنقى بىرنەچچە يىلدا تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە بېرىلگەن قەرز پۇل مەسىلىسىدە ئەسلىدە بېكىتىلگەن نىشان ئىشقا ئاشمىدى. كارخانىلار قەرزنى قايتۇرالماي، ئېغىر قەرزگە بوغۇلۇپ قالدى. (3) تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى كەمچىل بولۇپ، ياخشى مەھسۇلات يارىتالمىدى، بىرەر ياخشى تۈرنىمۇ ئوتتۇرىغا چىقىرالمىدى.

دۆلەك شۈجى

ئاپتونوم رايون ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون ساھەسىنىڭ 1999 - يىلدىكى ئۈنۈمپىرسال ئەھۋالى

بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| كەسپلەر | كارخانا سانى | سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (ئۆزگەرمەس باھا) | مەھسۇلات سېتىش كىرىمى | يىللىق پايدا ئومۇمىي سوممىسى | يىل ئاخىرىدىكى تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ يىغىندىسى | ئومۇمىي خادىملارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يىللىق ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى (قوشۇلما قىممەت) يۈەن |
|---|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 98 | 299529 | 318646.5 | -12064.3 | 356175.3 | 18417 |
| دۆلەت كارخانىلىرى | 58 | 95109 | 108542.5 | -17409.4 | 184535.4 | 8443 |
| كوللېكتىپ كارخانىلار | 17 | 11393 | 13646.5 | -595.6 | 10402.1 | 15561 |
| پاي ھەمكارلىق كارخانىسى | 2 | 2529 | 1704.8 | 33.5 | 1060.3 | 57442 |
| چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | 15 | 114814 | 126199.7 | -3804.8 | 115803.5 | 17161 |
| پاي چەكلىك شىركىتى | 2 | 68653 | 64012.1 | 9594.3 | 42955.3 | 173199 |
| خۇسۇسىي كارخانا | 1 | 3895 | 698.7 | 5.6 | 42 | 74600 |
| چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانا | 3 | 3136 | 3842.5 | 112.1 | 1376.7 | 64746 |
| يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ساھەسى | 18 | 97867 | 104808 | -4791.5 | 75163.7 | 15194 |
| قۇرۇلۇش ماشىنىلىرى ساھەسى | 2 | 1669 | 2520 | -625.6 | 6745.1 | 380 |
| نېفىت ھەممىباب ماشىنىلىرى ساھەسى | 7 | 7095 | 8003 | -432.5 | 10163.8 | 25169 |
| ئېغىر تىپتىكى كانچىلىق ماشىنىلىرى ساھەسى | 3 | 4055 | 4364.4 | -69.2 | 20146.7 | 14657 |
| ئېلېكترون - ئېلېكتر سايمانلىرى ساھەسى | 28 | 126313 | 127339 | 5553.1 | 130308.3 | 3352 |
| ماشىنىسازلىق ئۇل سايمانلىرى ساھەسى | 4 | 4350 | 4743.8 | -299.5 | 11918.4 | 10829 |
| ئاپتوموبىل سانائىتى | 21 | 40797 | 47259.5 | -10495.4 | 80677.4 | 5173 |
| ئاھالىلەرگە كېرەكلىك باشقا ماشىنىسازلىق ساھەلىرى | 6 | 3922 | 4694 | -279.2 | 6707.7 | 1476 |
| يەرلىكتە ئىشلىتىلىدىغان پارتلىتىش ماتېرىياللىرى ياساش ساھەسى | 4 | 6612 | 11714.5 | -149.1 | 10760 | 21330 |
| ئېلېكترون ساھەسى | 5 | 6849 | 3200.3 | -475.4 | 3584.2 | 28340 |

## يېڭى مەھسۇلات يارىتىش ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون ساھەسى ياراتقان يېڭى مەھسۇلاتلار: شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور سىم كابېل زاۋۇتىنىڭ نورمىلىق تولۇق بېسىمى 450/75 ۋولتلۇق كۆيۈشكە قارشى سۇلياۋ ئىزولياتورلۇق تىزگىنلەش ئېلېكتر كابېلى 120×1 YJLV-26/35

كېسىشتۈرۈلۈپ بىرلەشتۈرۈلگەن پولىئېتىلېن ئىزولياتورلۇق خلورلىق ئېتىلېنلىق قاپلىق ئېلېكتر كابېلى، شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور پاي شىركىتىنىڭ 0.6/ كىلوۋولتلۇق سۇلياۋ ئىزولياتورلۇق 5 كىرنىلىك ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى كابېلى، 450/750 ۋولتلىق پولىئېتىلېن ئىزولياتورلۇق پولى خلور ئېتىلېنلىق قوغداش قاپلىق تومسىنى تىزگىنلەش كابېلى، شىنجاڭ «دېباۋ» مۇھىت ئاسراش ئۈسكۈنىلىرى چەكلىك شىركىتىنىڭ DB1 تىپلىق «دېباۋ» ماي تېجەش قۇرۇلمىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك «دالا» ماشىنىسازلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ «دالا» ماركىلىق ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان يېڭى تىپتىكى ئىسسىقلىق ئالماشتۇرغۇچى، ئۈرۈمچى ۋىكلىيۇچاتېل زاۋۇتىنىڭ «ZW1 — 10» تىپلىق ئاتلە سىرتىدىكى ۋاكۇئۇم يولىنى ئۈزگۈچى، شىنجاڭ 3 ـ ئىستانوك زاۋۇتىنىڭ مومېنت تەڭشەپ ئېنېرگىيە تېجەيدىغان نېفىت كاچالكىسى، شىنجاڭ شىخەنزە «خۇاشۇاڭ» ئوزۇقچىلىق ماشىنىسازلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ 5 — SBGF تىپلىق تولۇق ھىملەشتۈرۈلگەن ئوزۇق ئوراش ماشىنىسى، شىنجاڭ «چاڭفېڭ» پارقازان شىركىتىنىڭ «DZL1.4—0.7/95/70—AⅡ» تىپلىق پارقازىنى، شىنجاڭ بىرلەشمە ماشىنىسازلىق گۇرۇھ شىركىتىنىڭ «4MZ — 3» تىپلىق ئاپتوماتىك پاختا تېرىش ماشىنىسى، شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ «SFPSZ9 — 90000/220TA» ئېلېكتر ئېنېرگىيىلىك ترانسفورماتورى، «SN8 — 50/10» تىپلىق يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ترانسفورماتورى، «S10 — 30 — 1000/10» تىپلىق ئېلېكتر ئېنېرگىيىلىك ترانسفورماتورى، «S9—M—30—1250/10» تىپلىق تولۇق ھىملەشتۈرۈلگەن ترانسفورماتورى، «SC — 30 — 630/10» تىپلىق دېزىن ئىزولياتورلۇق قۇرۇق ترانسفورماتورى، يېڭىچە S9/10 كىلوۋولتلۇق ئېلېكتر ئېنېرگىيىلىك

ئاپتونوم رايوننىڭ ماشىنىسازلىق ئېلېكترون سانائىتى مەھسۇلاتلىرىنىڭ 1999 ـ يىلدىكى مىقدارى

| مەھسۇلات نامى | ئۆلچەم بىرلىكى | يىللىق مەھسۇلات مىقدارى |
|---|---|---|
| كىچىك تراكتور (كىچىك 4 چاقلىق) | دانە | 485 |
| تراكتورغا سۆرىتىلىدىغان سايان | دانە | 128 |
| يوپۇق يېپىش ماشىنىسى | دانە | 192 |
| ئوغۇتلاش ماشىنىسى | دانە | 100 |
| ئۆزى يۈرەر كومبايىن | دانە | 2171 |
| ئاپتوماتىك دان ئايرىش ماشىنىسى | دانە | 108 |
| دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان پرىتسېپ | دانە | 365 |
| باشقا چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى | دانە | 870 |
| تراكتورنىڭ ئىچىدىن ياندىغان دۆڭگىلەك زاپچاسلىرى | 10 مىڭ يۈرۈش | 1497.8 |
| نېفىت بۇرغىلاش، ئېلىش ئۈسكۈنىسى | توننا | 2116.4 |
| نېفىت ئايرىش خىمىيە سانائىتى ئۈسكۈنىسى | توننا | 870 |
| يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان پومپا | دانە | 5178 |
| كان ئۈسكۈنىلىرى | توننا | 390 |
| ئېلېكتر ماتورلۇق قوش كۆۋرۈكسىمان كىران | دانە | 13 |
| ئېلېكتر ماتورلۇق تاق كۆۋرۈكسىمان كىران | دانە | 70 |

| | | |
|---|---|---|
| تاسمىلىق ئۆزۈتۈش ماشىنىسى | مېتىر | 2133 |
| بېتون ماشىنىلىرى | دانە | 2021 |
| مېتال كېسىش ئىستانوكى | دانە | 36 |
| ساناائەت پارقازىنى | پار/توننا | 1580 |
| ئۆزگىرىشچان توك دىنامى | 10 مىڭ كىلوۋات | 15.4 |
| ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى ترانسفورماتورى | 10 مىڭ كىلوۋات ئامپېر | 36.7 |
| يۇقىرى بېسىملىق ۋېكلىيۇچاتېل فۇنكسىيىسى | يۈزى | 272 |
| گازارما ئاپتوموبىلى | دانە | 37 |
| ئاممونىي ۋالبىت پارتلاتقۇچ دورا | توننا | 14586 |
| ئىمۇلسىيىلەشكەن پارتلاتقۇچ دورا | توننا | 1034 |
| ئاممونىي مايلىق پارتلاتقۇچ دورا | توننا | 2259 |
| قۇرۇلۇش كاپسۇلى | 10 مىڭ دانە | 2007 |
| تەۋرىتىش مەنبەسى دورا تۆۋرۈكچىسى | توننا | 2517 |
| تۆۋەن بېسىملىق ۋېكلىيۇچاتېل فۇنكسىيىسى | يۈزى | 5981 |
| پولات كرېنلىق ئالىيۇمىن گىرەلىك سىم | توننا | 1898.5 |
| ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى كابېلى | 1000 مېتىر | 75 |
| تىزگىنلەش كابېلى | 1000 مېتىر | 20 |
| خەۋەرلىشىش كابېلى | 1000 مېتىر | 203 |
| لاتا كابېل | كىلومېتىر | 3355 |
| ئېلېكتر كەپشەر چوكىسى | توننا | 8585 |
| ئاككۇمۇلياتور | 10 مىڭ كىلوۋولت ئامپېر | 18.3 |
| ساقلىق قازان | 10 مىڭ يۈرۈش | 126.2 |
| ئۆلچەملىك گايكا | 10 مىڭ دانە | 1226.1 |
| ئۆلچەملىك پۇختىلىغۇچ | توننا | 822.1 |
| قۇراشتۇرۇلغان ئاپتوموبىل | دانە | 536 |
| ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇلغان موللاقچى ئاپتوموبىل | دانە | 1733 |
| ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇلغان سۆرەش ئاپتوموبىلى | دانە | 328 |
| ئاپتوبۇس (ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇلغان) | دانە | 229 |
| باكسىمان خاس قۇراشتۇرۇلغان ئاپتوموبىل | دانە | 70 |
| موتسىكلىت | دانە | 34461 |
| ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى | 10 مىڭ يۈەن | 5776.8 |
| سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز باكى | دانە | 27128 |

| | | |
|---|---|---|
| ماي ئۆلچى | دانە | 16598 |
| پولات چوكسىمان سوۋۇتقۇچ | مېتىر | 4165.4 |
| ماي قاچىلىنىدىغان ئېلېكترلىك سوۋۇتقۇچ | دانە | 1822 |
| نېفىت قۇدۇقلىرىدا ئىشلىتىدىغان تۆشۈك ئېچىش ئوقى | 10 مىڭ دانە | 25 |
| ئىزولياتور | دانە | 27621 |
| ئېلېكترونلۇق ئۆلچىگۈچ | دانە | 2985 |
| ئېلېكترونلۇق باكتېرىيە يوقاتقۇچ | دانە | 2985 |
| مىكرو كومپيۇتېر | دانە | 2252 |

ترانسفورماتورى، شىنجاڭ 1 - ئاپتوموبىل زاۋۇتىنىڭ «TSY3091»، «TSY3092»، «TSY3160P»، «TSY3170P»، «TSY3262P» تىپلىق موللاقچى ئاپتوموبىللىرى، ئۈرۈمچى سانائەت پارقازىنى زاۋۇتىنىڭ «DHG0.5－0.7－A Ⅱ» قوش قەۋەتلىك پار قازىنى، شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» پارقازان زاۋۇتىنىڭ «WNS2.8－0.7/95－70YCQT، WNS8－1.25－YCQT» تىپلىق ماي ۋە گاز يېقىلغۇلۇق پار قازىنى، «SZL10－1.25－AII» تىپلىق قوش قازانلىق ياتما شەكىللىك قوش گەۋدىلىك، سۇ تۇرۇبىلىق پارقازىنى، شىنجاڭ ساقلىق قازان زاۋۇتىنىڭ «7508E(32208)» قاتتىق تىپلىق كونۇس دومىلىما ساقلىق قازىنى»، «6309－2R2/Z2، 6207» چوڭقۇر قېرىنچىلىق شار ساقلىق قازىنى، «BS225977» تىپلىق كونۇس دومىلىما ساقلىق قازىنى، ئەنگلىيىدە ياسالغان LM603049/ LM603011. 72212C/ 72487. HM80749/HM807010. 72218C/ 72487. 3979/3920. JLM710949/JLM710910. JM511946/ JM511910. 29675/229620. 567/563. 497/493 JM716649/JM716610 كونۇس دومىلىما ساقلىق قازان، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى زاپچاس زاۋۇتىنىڭ ئاپتوماتىك كاتالىزاتسىيىلەشتۈرۈلگەن نىكېل - فوسفور قېتىشمىسى ئارقىلىق زاپچاس يۈزىنى بىرتەرەپ قىلىش تېخنىكىسى، شىنجاڭ «خۇاشا» پەن - تېخنىكا تەرەققىيات تەتقىقات يۇرتىنىڭ «CM－5» پاختا تېرىش ماشىنىسىنىڭ يۇرۇشلۇك مەركەزدىن قاچما شامال ماشىنىلىرى، شىنجاڭ ئاپتوموبىل زاۋۇتىنىڭ «XQD3143G2A، XQD3144C2A» تىپلىق موللاقچى ئاپتوموبىلى، شىنجاڭ خىمىيە سانائىتى ۋېنتىلياتورلۇق «MSD» تىپلىق تۆۋەن بېسىملىق تارتما شەكىللىك ۋېنتىلياتورلۇق ئىشكاپى، شىنجاڭ «شەرق شامىلى» ماشىنا زاۋۇتىنىڭ «GTSC» يۈرۈشلۈك يۇقىرى ئۈنۈملۈك كۆككۆرت ئايرىش، چاڭ - توزان تازىلاش ماشىنىسى، شىنجاڭ مەخسۇس ئاپتوموبىل زاۋۇتىنىڭ «بوغدا» ماركىلىق «XZC3093K» تىپلىق، «XZC3121» تىپلىق، «XZC3122» تىپلىق، «XZC3261» تىپلىق موللاقچى ئاپتوموبىلى، «XZ9300GSN» تىپلىق خالتىسىز سېمونت قاچىلىنىدىغان چاتما كوزۇپلۇق ئاپتوموبىلى، «XZC9270» تىپلىق چاتما كوزۇپلۇق ئاپتوموبىلى، «XZC9330» تىپلىق چاتما كوزۇپلۇق ئاپتوموبىلى، شىنجاڭ 4 - ئىستانوك زاۋۇتىنىڭ «JLH7» تىپلىق تەڭشەكلىك كاچالكا تورمۇزى، شىنجاڭ ماشىنىسازلىق تەتقىقات يۇرتىنىڭ «6MRT» تىپلىق چوتكا چاقلىق چىگىت تۈۋتىنى ئايرىش ماشىنىسى، شىنجاڭ «تيەننىڭ» مانتىيورلۇق ئىزولياتور ماتېرىياللىرى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ «FXB FX13(W)－110－100، 220/100－(W)» تاياقچە شەكىللىك ئاسىسمان بىرىكمە ئىزولياتورى، شىنجاڭ سانجىي ۋېنتىلياتور زاۋۇتىنىڭ «HXCD－10/630－20، HXCND－10/100－31.5» مانىدۇقسىمان مۇقىم ھالقا تورلۇق يۇقىرى - تۆۋەن بېسىملىق ۋېنتىلياتورلۇق ئىشكاپى.

دۆلەت شۇجى

## تاشقى سودا ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ماشىنىسازلىق ئېلېكترون ساھەسىنىڭ ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 9 مىليون 460 مىڭ دوللارغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 8 مىليون 840 مىڭ دوللار، ئىمپورت ئومۇمىي سوممىسى 620 مىڭ دوللار بولدى. ئاز كەم 3 مىليون دوللارلىق ئىمپورت مال زاكاز قىلىندى. ئىمپورت - ئېكسپورت قىلغان دۆلەت ۋە رايونلار: ئامېرىكا، كانادا، ئۆزبېكىستان، ئىتالىيە، ياپونىيە، ئەنگلىيە، گېرمانىيە، فرانسىيە، پاكىستان، كورىيە، سىنگاپور، ھىندىستان، ھىندونېزىيە، مالايسىيا ۋە شياڭگاڭ. ئىمپورت -

ئېكسپورت قىلغان مەھسۇلاتلار: تورمۇز دېسكىسى، ئالماس تىغ، رەندە تىغ، پەمدۇر قىيامى، پاختا، قاتتىق بىرىكمە بىرتىۋا، ماي قەلەم، ئېگىزلىكتە مەشغۇلات قىلىش ماشىنىسى، سۇيۇقلۇق بېسىم ئارقىلىق يانچىش بازغىنى، تۇرۇبا سۇيى زاۋۇتىنىڭ ئۈسكۈنىلىرى، ئاپتوموبىل، موتسىكلىت قاتارلىقلارنىڭ زاپچاسلىرى.

دۇڭ شۇجى

## پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكىسىدا كۆرۈنەرلىك تەرەققىيات بولدى، تېخنىكا سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ئۆستى. يېڭىچە پاختا تېرىش ماشىنىسى دۆلەت ئىچىدىكى ئالدىنقى سەۋىيىگە يېتىپ، 1999 - يىلى دۆلەت دەرىجىلىك يېڭى مەھسۇلاتلارنى ۋە پەن تەتقىقات نەتىجىسىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى. «SFPSZ9−90000/220TA» تىپلىق ئېلېكتر ئېنېرگىيىلىك ترانسفورماتور ماشىنىسازلىق مىنىستىرلىكى ۋە ئېلېكتر سانائىتى مىنىستىرلىكىنىڭ بىرلىكتە باھالاپ بېكىتىشىدىن ئۆتۈپ، مەھسۇلات دۆلەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى.

ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون مەھسۇلاتىنىڭ سۈپىتى سالماق قەدەم بىلەن ئۆستى، 23 كارخانا «ISO9000» سۈپەت سىستېمىسىنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىدىن ئۆتتى. 27 مەھسۇلات خەلقئارا ئۆلچەمنى قوللىنىپ ئىشلەپچىقىرىلغان دەپ ئېتىراپ قىلىندى. 16 مەھسۇلات «شىنجاڭدىكى داڭلىق مەھسۇلات» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

شىنجاڭ بىرلەشمە ماشىنىسازلىق گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ تېخنىكا مەركىزى دۆلەت دەرىجىلىك كارخانا تېخنىكا مەركىزى دەپ ئېتىراپ قىلىندى. شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «ئۆكتەبىر» تراكتور چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، ئۈرۈمچى پارقازان باش زاۋۇتىدىن ئىبارەت 3 كارخانىنىڭ تېخنىكا مەركىزى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك كارخانا تېخنىكا مەركىزى دەپ ئېتىراپ قىلىندى. بۇ ساھەدىكى 25 چوڭ، ئوتتۇرا كارخانا «CAD» نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، سىزمىنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئېچىش ئىقتىدارىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈپ، يېڭى مەھسۇلاتلارنى يارىتىش قۇرۇلۇشىنى تېزلەتتى.

دۇڭ شۇجى

## شىنجاڭ ئېلېكترون تەتقىقات ئورنىنىڭ پەن - تېخنىكا نەتىجىسى

1999 - يىلى شىنجاڭ ئېلېكترون تەتقىقات ئورنى تۈرلۈك پەن تەتقىقات تېخنىكا تۈرىدىن 21 نى ئۈستىگە ئالدى. بۇنىڭ ئىچىدە تىك لىنىيىلىك پەن تەتقىقات تېما تۈرى بىر، توغرا لىنىيىلىك پەن تەتقىقات تېخنىكا تۈرى 15، پەن - تېخنىكا كوستېپتى بىلەن چېتىشلىق تۈر 3، ئۆزى تۈرغۇزغان پەن تەتقىقات تۈرى 2. تۈرلۈك پەن تەتقىقاتى، تېخنىكا كەشپىياتى، تېخنىكا ئۆتۈنۈپ بېرىش، تېخنىكا مۇلازىمىتى قاتارلىق تۈردىن 15 ى ئورۇندالدى، تۈرلۈك تېخنىكا توختامىدىكى پۇتۇشۇش سوممىسى 1 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تېخنىكا سودىسى سوممىسى 610 مىڭ يۈەن.

«كىرگۈزۈش، سېتىش، ساقلاشنى كومپيۇتېر ئارقىلىق باشقۇرۇش ئۈچۈن سىستېمىسى»، «ئېقىش مىقدارىنى ھېسابلاش ئەسۋابىنى كەشپ قىلىش»، «كۆپ ۋاستىلىق مۇزىكا تەربىيىسى»، «قىسىم قوماندانلىق ئىشخانىسىنىڭ LED چوڭ ئېكرانى» قاتارلىق تۈرلەرنىڭ نەتىجىسى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى ھەمدە ئىشلىتىشكە كىرىشتۈرۈلدى.

لىۇ چى

## دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ۋە تۈزۈلمىنى ئۆزگەرتىش ئەھۋالى

1999 - يىلى ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون سانائىتىدىكى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تۈزۈلمە ئۆزگەرتىشىدە خېلى چوڭ ئىلگىرىلەش بولدى.

شىنجاڭ «قىزىل بايراق» ماشىنا زاۋۇتى بىلەن شىنجاڭ «ئالغا» ماشىنا زاۋۇتىنى ۋەيران قىلىش - قايتا تەشكىللەش ئىشى يولغا قويۇش باسقۇچىغا قەدەم قويدى. ھەربىي قورال - ياراغ سانائىتىدە «قالپاقنى ئېلىپ تاشلاش، نومۇرنى بىكار قىلىش، ئۆزگەرتىش، تاقاش» مۇھىم نۇقتا قىلىنغان قۇرۇلمىنى تەڭشەش ئىشى باشلاندى.

شىنجاڭ مەخسۇس ئاپتوموبىل زاۋۇتى ۋە شىنجاڭ ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون تەمىنات - سودا شىركىتى شىنجاڭ «گۇاڭخۇي» كارخانا (گۇرۇھى) شىركىتىگە قوشۇۋېتىلدى، شىنجاڭ ماشىنىسازلىق ئۈسكۈنىلىرى ئىمپورت - ئېكسپورت شىركىتى خۇنەن جۇجۇ «ئۇچقۇن» مۇسابىقە پاي چەكلىك شىركىتىگە ئاساسىي جەھەتتىن كىرىپ بولدى. رايون، ساھە، مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىدىن ھالقىغان دۆلەت كارخانىلىرىنى تەڭشەش ۋە قايتا تەشكىللەشتە زور قەدەم تاشلاندى.

شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور پاي چەكلىك شىركىتى كەسىپ قۇرۇلمىسىنى زور كۈچ بىلەن تەڭشەپ، ئاساسىي كەسىپتە سىچۈەن «دېياڭ» كابېل زاۋۇتى، تيەنجىن ئالاھىدە ترانسفورماتور چەكلىك شىركىتىنىڭ پېيىنى تىزگىنلىگەندىن كېيىن، يەنە ئۈچ‌ۈر كەسىپنىڭ ئېچىلىش ۋە قۇرۇلۇشىغا كەڭ

كۆلەمدە قاتنىشىپ، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ، سەنشى سىملىق تېلېۋىزىيە تورى، شىنجاڭ سىملىق تېلېۋىزىيە تورى، شىنجاڭ ئۈچۈر كەسپى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىگە جەمئىي 150 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سالدى.

شىنجاڭ تراكتور چەكلىك شىركىتى، ئۈرۈمچى «خۇەنىپىڭ» چەكلىك شىركىتى قەرزنى پايغا ئۆزگەرتىشنى ئىلتىماس قىلدى. شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» ئاپتوموبىل زاۋۇتى ۋەيران قىلىنىپ قايتا تەشكىللىنىشنى ئىلتىماس قىلدى، شىنجاڭ «سامان يولى» خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنى پاي ھەمكارلىق تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىشتە ئىلگىرىلەش بولدى، كۇيتۇڭ ۋېكلىيۇچاتېل زاۋۇتى قاتارلىق كارخانىلار قايتا تەشكىللەش، بىرلىشىش، قوشۇۋېلىش، ئىجارىگە بېرىش، ھۆددىگە بېرىش، پاي ھەمكارلىق تۈزۈمىنى يولغا قويۇش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ، كارخانىنى قويۇۋېتىش، جانلاشتۇرۇش قەدىمىنى تېزلەتتى.

دۆلەت شۈجى

# بىناكارلىق ماتېرىياللىرى سانائىتى

## بىناكارلىق ماتېرىياللىرى سانائىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە بىناكارلىق ماتېرىياللىرى سانائىتىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە) 3 مىليارد 292 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن 8.01% ئاشتى؛ سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 862 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 7.6% ئاشتى. ستاتىستىكا قىلىنغان 15 تۈرلۈك ئاساسلىق بىناكارلىق ماتېرىياللىرى مەھسۇلاتىنىڭ مىقدارى ئىچىدە، 9 خىل مەھسۇلاتنىڭ مىقدارى ئاشتى. سېمونت 10.87% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە خالتىسىز سېمونت 11.02% ئاشتى، خالتىسىز قاچىلاش نىسبىتى 16.37% بولدى؛ خىش 12.76% ئاشتى، سېمونت ستولبا 35% ئاشتى. سېمونت بېسىملىق تۇرۇبا 29.80% ئاشتى، گرانىت تاش تاختا ماتېرىيال 25.96% ئاشتى، ئەينەك پولات 30.32% ئاشتى؛ ماي قەغەز 11.32% ئاشتى؛ تاشپاختا 0.05% ئاشتى؛ گەج تاختا 21.73% ئاشتى. يۇندا چىقىرىدىغان سېمونت تۇرۇبا، سېمونت قۇرۇلمىلىرى، مەرمەر تاش تاختا ماتېرىيال، تاختا ئەينەك، چاقچۇق تازىلىق قاچىسى، ئوتقا چىدامىلىق ماتېرىيال پاسالمىلىرى قاتارلىق 6 خىل مەھسۇلاتنىڭ مىقدارى تۆۋەنلىدى.

1999 ـ يىلى ناھىيە ۋە ناھىيەدىن يۇقىرى نۇقتىلىق بىناكارلىق ماتېرىياللىرى كارخانىلىرى ساتقان مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 259 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن 5.8% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئوتتۇرا، چوڭ بىناكارلىق ماتېرىياللىرى كارخانىلىرىنىڭ جەمئىي 1 مىليارد 147 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1.26% ئاشتى؛ مەھسۇلاتنىڭ سېتىلىش نىسبىتى جەمئىي 97.72% بولۇپ، 0.06 پىرسەنت پويىنتى ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلارنىڭ مەھسۇلاتىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 99.65% بولۇپ، 1.24 پىرسەنت پويىنتى تۆۋەنلىدى.

1999 ـ يىلى ناھىيە ۋە ناھىيەدىن يۇقىرى نۇقتىلىق بىناكارلىق ماتېرىياللىرى كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات سېتىش كىرىمى 2 مىليارد 71 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن 15.56% ئاشتى، ئومۇمىي پايدىسى 152 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 12.66% ئاشتى.

شى گېچىڭ

## بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ساھەسىنىڭ پايدا ئېلىش ئەھۋالى

1999 ـ يىلى ناھىيە ۋە ناھىيەدىن يۇقىرى 68 نۇقتىلىق بىناكارلىق ماتېرىياللىرى كارخانىسى ئۈستىدە قىلىنغان ستاتىستىكىدىن قارىغاندا، زىيان تارتقان كارخانا 16، زىيان تارتىش دائىرىسى 23.53% بولۇپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن 4.44 پىرسەنت پويىنتى تۆۋەنلىگەن، بۇ ئاپتونوم رايون بويىچە ستاتىستىكا قىلىنغان يېزا ۋە يېزىدىن يۇقىرى مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان 1625 سانائەت كارخانىسىنىڭ زىيان تارتىش كۆلىمىدىن تۆۋەن بولغان. ناھىيە ۋە ناھىيەدىن يۇقىرى 68 نۇقتىلىق بىناكارلىق كارخانىسى ئىچىدە، زىيان تارتقان كارخانىلارنىڭ زىيان سوممىسى 39 مىليون 540 مىڭ يۈەن بولۇپ، زىيان 14.38% ئاشقان؛ پايدا ئالغان كارخانىلارنىڭ پايدا سوممىسى 191 مىليون 740 مىڭ يۈەن بولۇپ، 5.77% ئاشقان؛ پايدا بىلەن زىياننى بالانىس قىلغاندىن كېيىنكى پايدا ئومۇمىي سوممىسى 152 مىليون 200 مىڭ يۈەن بولۇپ، 12.66% ئېشىپ، ئۇدا 4 يىل پايدا ئېلىنغان.

شى گېچىڭ

## ئاپتونوم رايون بويىچە ئاساسلىق بىناكارلىق ماتېرىياللىرى مەھسۇلاتلىرىنىڭ 1999 - يىلدىكى مىقدارى

| مەھسۇلات نامى | ئۆلچەم بىرلىكى | مەھسۇلات مىقدارى |
|---|---|---|
| خام تۇز | توننا | 361371 |
| تاشپاختا | توننا | 75530 |
| سۈنئىي تاختا | كۇب مېتىر | 39465 |
| كاۋچۇك تاختا | كۇب مېتىر | 2007 |
| تالا تاختا | كۇب مېتىر | 15289 |
| قىرىندى تاختا | كۇب مېتىر | 22169 |
| بىناكارلىق بوياق ماتېرىيال | توننا | 16289.35 |
| سۇلياۋ تاختا ماتېرىيال | توننا | 5380 |
| سۇلياۋ تاياقچە تورۇبا ماتېرىيالى | توننا | 17935.66 |
| سۇلياۋ يىپ ۋە توقۇلما ياسالمىلىرى | توننا | 17772.65 |
| سۇلياۋ ساندۇق ۋە سۇلياۋ قاچىلار | توننا | 4123 |
| كۈندىلىك سۇلياۋ ياسالمىلىرى | توننا | 3388 |
| باشقا سۇلياۋ ياسالمىلىرى | توننا | 8829 |
| سېمونت | 10 مىڭ توننا | 808.20 |
| سېمونت يۇندا تورۇبىسى | توننا | 62070 |
| سېمونت بېسىم تورۇبىسى | توننا | 26608 |
| سېمونت ستولبا | توننا | 154842.76 |
| سېمونت قۇيۇلمىلار | كۇب مېتىر | 643736.92 |
| خىش (ئۆلچەملىك خىش) | 10 مىڭ دانە | 883488.02 |
| كاھىش | 10 مىڭ دانە | 1313 |
| مەرمەر تاش تاختا ماتېرىيال | كۋادرات مېتىر | 7807 |
| گرانىت تاش تاختا ماتېرىيال | كۋادرات مېتىر | 632193 |
| كاۋاك بېتون | كۇب مېتىر | 226031 |
| گەج تاختا | كۋادرات مېتىر | 1128066 |
| ماي قەغەز | گورام | 2250000 |
| تاختا ئەينەك | يەشىك | 831967 |
| كۈندىلىك ئەينەك ياسالمىلىرى | توننا | 79923.58 |
| سىرلانغان چاقچۇق | 10 مىڭ كۋادرات مېتىر | 6.71 |
| تامغا، يەرگە چاپلىنىدىغان چاقچۇق | 10 مىڭ كۋادرات مېتىر | 1.06 |

| | | |
|---|---|---|
| سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان فارفور | تونna | 769.40 |
| كۆندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان فارفور | 10 مىڭ دانە | 560.66 |
| كوتا چىدامىلىق پاسالمىلار | توننا | 37461 |
| تاشپاختا پاسالمىلىرى | توننا | 1016.20 |
| گرافىت ۋە كاربون پاسالمىلىرى | توننا | 7131 |
| ئەينەك پولات پاسالمىلىرى | توننا | 5343 |
| سىلىقلاش سايمانلىرى | توننا | 141 |

## تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ساھەسى نۇقتىلىق تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرىدىن 5 نى يولغا قويۇپ، بۇنىڭغا 141 مىليون 452 مىڭ 600 يۈەن مەبلەغ سېلىشنى پىلانلىغان. بۇ 5 تۈر: شىنجاڭ پولات - تۆمۈر گۇرۇھى شىركىتى يامانسۇ جۇڭگىشىڭ سېمونت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئايلانما خۇمدانىنىڭ قالدۇق ئىسسىقلىقىدىن پايدىلىنىشنى ئۇنىۋېرسال ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇش تۈرى، قورغاس سېمونت پاي ھەمكارلىق شىركىتىنىڭ يىلىغا 100 مىڭ توننا سېمونت ئىشلەپچىقىرىدىغان ئايلانما خۇمدان تېخنىكىسىنى ئۆزگەرتىش تۈرى، شىنجاڭ «تۇنخې» پاي چەكلىك شىركىتى دۆربىلجىن شىركىتىنىڭ دىئامېتىرى 60×3.5/3 مېتىر كېلىدىغان خۇمدانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى تېخنىكىسىنى ئۆزگەرتىش تۈرى، شىنجاڭ «تۇنخې» پاي چەكلىك شىركىتى دۆربىلجىن شىركىتىنىڭ 3000×2 كىلوۋاتلىق ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ تېخنىكىسىنى ئۆزگەرتىش تۈرى، شىنجاڭ لوپنۇر ۋېرمىكۇلىت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇش تۈرى. بۇ 5 تۈرنىڭ ئالدىنقى قارارلىق تەييارلىق خىزمەتلىرى ئورۇندالدى.

شى گېچىڭ

## پەن - تېخنىكا تەرەققىيات ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ساھەسى يېڭى مەھسۇلات يارىتىش تۈرىدىن 15 نى، تېخنىكا كېڭەيتىش تۈرىدىن 4 نى يولغا قويۇپ، «قىزىل تۆۋرۈك تاش — مولەي تېشىدىن سۈپەتنى ئۆزگەرگەن خىش»، «چوڭ دىئامېتىرلىق كۆچمەنشىلىك سۇ يەتكۈزۈش تۇرۇبىسى» دىن ئىبارەت 2 تۈر بويىچە تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى قانات يايدۇردى. شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» سېمونت پاي چەكلىك شىركىتى قاتارلىق 7 كارخانا «ISO9002» سۈپەت سىستېمىسىنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىدىن ئۆتتى، 6 كارخانىنىڭ 6 مەھسۇلاتى خەلقئارالىق ئۆرنەك ئېلىش بەلگىسىگە ئېرىشتى.

شى گېچىڭ

## سۈپەت باشقۇرۇش ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ساھەسىدىكى 14 كارخانا ۋە QC41 گۇرۇپپا مۇنەۋۋەر سۈپەت باشقۇرۇش نامىغا ئېرىشتى.

مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر QC گۇرۇپپىسى 2، ئۇلار: شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» پاي چەكلىك شىركىتى كان شۆبە شىركىتى «جىنلىبې» QC گۇرۇپپىسى، توققۇزتارا ناھىيىلىك سېمونت زاۋۇتى سېمونت ئىشلەش سېخى QC گۇرۇپپىسى.

مەملىكەت بويىچە سۈپەتتە ئىشەنچلىك ئىسىمنا - گۇرۇپپا بىر: ئاقسۇ «يېشىل قارىغاي» بىناكارلىق ماتېرىياللىرى خىمىيە - سېمونت زاۋۇتى لابوراتورىيە تەكشۈرۈش مەركىزى.

بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ساھەسىدىكى مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر QC گۇرۇپپا 4: شىنجاڭ كازىئۇەن سېمونت زاۋۇتى ئايلانما خۇمدان لىنىيىسى تەجرىبىخانىسىنىڭ QC گۇرۇپپىسى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى قومۇل كۆۋرۈك زاۋۇتى ستولبا سېخىنىڭ QC گۇرۇپپىسى، شىنجاڭ «تۇنخې» سانائەت - سودا شىركىتىنىڭ يېڭى تىپتىكى بىناكارلىق ماتېرىياللىرى شىركىتى ماشىنا - ئېلېكتر رېمونت گۇرۇپپىسىنىڭ QC گۇرۇپپىسى، شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» پاي چەكلىك شىركىتى كان شۆبە زاۋۇتىنىڭ QC گۇرۇپپىسى.

بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ساھەسىدە مەملىكەت بويىچە سۈپەتتە ئىشەنچلىك ئىسىمنا - گۇرۇپپا 3: شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» پاي چەكلىك شىركىتى كان ماشىنا - ئېلېكتر رېمونت گۇرۇپپىسى، كولار شەھەرلىك 1 - سېمونت زاۋۇتى خام ماتېرىيال سېخى گۇرۇپپىسى، ئاقسۇ «يېشىل قارىغاي» بىناكارلىق ماتېرىياللىرى خىمىيە - سېمونت زاۋۇتى لابوراتورىيە مەركىزىنىڭ سۈپەت باشقۇرۇش گۇرۇپپىسى.

بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ساھەسىدە مەملىكەت بويىچە

QC گۇرۇپپىسى پائالىيىتىدە مۇنەۋۋەر كارخانا 2: شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «تۇنخې» پاي چەكلىك شىركىتى.

شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» پاي چەكلىك شىركىتىدىكى جۇ فېڭيۇ مەملىكەت بويىچە بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ساھەسىدىكى سۈپەت باشقۇرۇشتا كۆزگە كۆرۈنگەن رەھبەر ۋە مۇنەۋۋەر ئالغا سۈرگۈچى بولۇپ باھالاندى.

ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر QC گۇرۇپپا 16، ئاپتونوم رايوننىڭ بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ساھەسىدە مۇنەۋۋەر QC گۇرۇپپا 18، سۈپەت باشقۇرۇشتا كۆزگە كۆرۈنگەن رەھبەر 13، مۇنەۋۋەر ئالغا سۈرگۈچى 13، مۇنەۋۋەر باياناتچى 7.

شى گېچىڭ

# خىمىيە سانائىتى

## خىمىيە سانائىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ يەرلىك خىمىيە سانائىتى سىستېمىسىنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 693 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن %05 .12 ئاشتى؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 407 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %4 .2 تۆۋەنلەپ كەتتى. نۇقتىلىق تىزگىنلىنىدىغان 39 خىل ئاساسلىق خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتى ئىچىدە، گۇڭگۇرت كىسلاتاسى، تۇز كىسلاتاسى، كۆيدۈرگۈچى ئىشقار، ساپ ئىشقار، كالىي نىترات، كاربىد، خروملىق كىسلاتا، بىرىكمە ئاممىياك، ئاممونىي نىترات، ئورېيا، دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان خىمىيىۋى ئوغۇت، خلورلۇق پولىئېتىلېن، پولىئېفىر، پارابېنزول دىمېتىل، پاراكسىلول قاتارلىق 15 خىل مەھسۇلات مىقدارى 1998 ـ يىلدىكىدىن ئاشتى، 17 خىل مەھسۇلات مىقدارى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە تۆۋەنلىدى. ناھىيىدىن يۇقىرى دۆلەت كارخانىسى ۋە پايىنى تىزگىنلەيدىغان دۆلەت خىمىيە سانائەت كارخانىسىدىن 26 كارخانا مۇشۇ بىر يىلدا 44 مىليون يۈەن زىيان تارتتى، زىيان 1998 ـ يىلدىكىدىن 6 مىليون 776 مىڭ يۈەن ئازايدى.

1999 ـ يىلى خىمىيە سانائىتى سىستېمىسىدىكى دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھات، تۈزۈلمە ئۆزگەرتىشتە دەسلەپكى ئۇنۇمگە ئېرىشتى، ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق 9 كارخانا تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتتى ۋە ئۆزگەرتىۋاتىدۇ، 3كارخانا قوشۇلۇپ كەتتى، قۇمۇل تۇز خىمىيە باش زاۋۇتى، سانجى خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتى كۆلەم بويىچە ۋەيران قىلىندى، قوشۇۋېتىش، ۋەيران قىلىش ئارقىلىق 530 مىليون يۈەنلىك ئېسىپ قويۇلغان، تىرىلمەس ھېساب كۆتۈرۈۋېتىلدى.

1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ خىمىيە سانائىتى سىستېمىسىنىڭ ئىقتىسادىي ھەرىكىتىدە ساقلانغان ئاساسلىق مەسىلە: بىرىنچى، تەرەققىيات سۈرئىتى تۆۋەن سۈرئەتتە ئايلىنىپ يۈرۈش ھالىتىدە تۇرۇپ كەلدى، تىجارەت ئۈنۈمى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى. ئىككىنچى، ئاساسلىق خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتى (بالۇن، ساپ ئىشقار قاتارلىقلار) ئىچكى ـ تاشقى بازارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، سېتىلىش راۋان بولمىدى، ئامبار زاپىسى كۆپەيدى، باھاسى تۆۋەنلەپ كەتتى. ئۈچىنچى، كۆپلىگەن كارخانىلار مەبلەغ يېتىشمەسلىك قىيىنچىلىقىغا ئۇچرىدى، بۇ ئۇلارنىڭ نورمال ئىشلەپچىقىرىش ـ تىجارەت باشقۇرۇشىغا كاشىلا بولدى. تۆتىنچى، يەرلىك خىمىيە سانائىتىنىڭ كوللېكتىپ ئەمەلىي كۈچى ۋە تەرەققىيات سەۋىيىسى خېلى تۆۋەن، كارخانا كۆلىمى كىچىك، ھۈنەر ـ سەنئەت تېخنىكا سەۋىيىسى تۆۋەنرەك، مەبلەغ قۇرۇلمىسى دېگەندەك مۇۋاپىق ئەمەس، قەرز نىسبىتى ئومۇمىيۈزلۈك يۇقىرى، قىيىنچىلىقى بار كارخانىلارنىڭ تولىسىنىڭ ئەھۋالى تۈپتىن ئۆزگەرمىدى.

گاۋ جۈنچاڭ

## ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە تېخنىكا ئۆزگەر-تىش ئەھۋالى

1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ خىمىيە سانائىتى سىستېمىسى يولغا قويغان ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك تۈر 10غا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرى 4، تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى 6. ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى تۈراقلىق مۈلۈككە 221 مىليون 440 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 168 مىليون 110 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 53 مىليون 330 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى مۇنۇلاردىن ئىبارەت: شىنجاڭ خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتىنىڭ 100 مىڭ توننىلىق بىرىكمە ئاممىياك سېخىنى ئۆزگەرتىپ، كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشىدا بىر بىرىكمە ئاممىياك سېخى كۆچۈرۈلۈپ 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، بىر بىرىكمە ئاممىياك تازىلاش سېخى ئۆزگەرتىلىپ 8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، بۇلارغا 127 مىليون 580 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 9 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى تەكشۈرۈلۈپ، لايىھىدىكى تەلەپكە يەتكۈزۈلدى. شىنجاڭ خىمىيە ئوغۇت زاۋۇتىنى ئۆزگەرتىپ، كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشىدا تەبىئىي گازنى ئىسسىقلىقتا ئالماشتۇرۇپ ئۆزگەرتىش قاتارلىق 6 تۈرلۈك ئىلغار تېخنىكا

قوللىنىلدى. بۇنىڭ ئېنېرگىيە تېجەش ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى. ھازىر نورمال ئىشلەپ 150 مىڭ توننا بىرىكمە ئاممىياك، 200 مىڭ توننا ئورېيا ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى شەكىللەندى. بۇلارنىڭ تېخنىكا سەۋىيىسى مەملىكەتتىكى ئوتتۇرا تىپتىكى ئازوت ئوغۇتى كارخانىلىرى ئىچىدە ئالدىنقى سەۋىيىدە تۇردى. ئارىم كاربون قارىسى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ 15 مىڭ توننىلىق يېڭى ھۆندۈر - سەنئەت كاربون قارىسى تۈرىگە 37 مىليون 730 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 1999 - يىلى ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىپ، بىناكارلىق قۇرۇلۇشى ۋە نەق مەيدان ئۈسكۈنىلىرىنى ياساشتا كۆپ ساندىكى قۇرۇلۇش مىقدارى ئورۇندالدى. «تۈنخې» گۇرۇھىنىڭ پولىئېستېر 2 - قارارلىق تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرىگە 23 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، شۇ يىلى ئىش باشلىنىپ، شۇ يىلى پۈتتۈرۈلدى. بۇنىڭدىن سىرت، ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانىلار باھاسى ئەرزان 12 كورپۇس تۇرالغۇ ئۆي سالدۇردى. بۇنىڭغا 19 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 25 مىڭ 242 كۋادرات مېتىرى پۈتتۈرۈلدى.

گاۋ جۇنچاڭ

## پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى ئەھۋالى

1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، نېفىت، نېفىت - خىمىيە ۋە خىمىيە سانائىتى ساھەسىدىكى شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى، جۇڭگو نېفىت گۇرۇھى ئۈرۈمچى نېفىت - خىمىيە شۆبە شىركىتى، شىنجاڭ «تيەنيې» پاي شىركىتى، جۇڭگو نېفىت گۇرۇھى تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكىنى قىدىرىپ تەكشۈرۈش - ئېچىش قوماندانلىق شتابى، شىنجاڭ لىتېيلىق تۇز زاۋۇتى، شىنجاڭ خىمىيۋى ئوغۇت زاۋۇتى قاتارلىق 6 كارخانىدا كارخانا تېخنىكا مەركىزى قۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى، شىنجاڭ «تيەنيې» پاي شىركىتى، شىنجاڭ لىتېيلىق تۇز زاۋۇتى، جۇڭگو نېفىت گۇرۇھى تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكىنى قىدىرىپ تەكشۈرۈش - ئېچىش قوماندانلىق شتابى دۆلەت دەرىجىلىك كارخانا تېخنىكا مەركىزى دەپ ئېتىراپ قىلىندى.

1999 - يىلى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ۋە پەن - تېخنىكا پىلانىغا كىرگۈزۈلۈپ يولغا قويۇلغان تۈر 7 بولۇپ، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون 1 مىليون 370 مىڭ يۈەن مەخسۇس مەبلەغ ئورۇنلاشتۇردى. جۇڭگو نېفىت گۇرۇھى ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە شۆبە شىركىتى پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە ئاز كەم 200 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 79 تۈرلۈك پەن - تېخنىكا ۋە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى تۈرىنى ئورۇنداپ، ئۈنۈمىنى 90 مىليون يۈەن كۆپەيتتى. بۇنىڭ ئىچىدە كاتالىزلاش قۇرۇلمىسى ئوقى شامال ئاققۇزۇش ماشىنا گۇرۇپپىسىنى «دۆلەت ئىچىدىكى ئىلغار تېخنىكىنى قوللىنىپ مەرخىل يول بىلەن گۇرۇپپىلاش» جۇڭگو نېفىت گۇرۇھىنىڭ 3 - دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. شىنجاڭ «تيەنيې» پاي شىركىتى شىخەنزە خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى جېجياڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، جىڭشى خىمىيە سانائىتى تەتقىقات يۇرتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، دۆلەتنىڭ 9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى نۇقتىلىق ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش تۈرى «پولىمېرلىنىش قۇرۇلۇش تەتقىقاتى»، «پولىمېرلىنىش نىسبەت تەتقىقاتى» ۋە «قاتتىق ماسسىلىق پولىخلورلۇق ئېتىلېنغا مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان سىمولانى بىۋاسىتە چىقىرىپ شەكىللەندۈرۈش» تۈرىنى ئورتاق ئۈستىگە ئالدى ھەمدە دۆلەت خىمىيە سانائىتى ئىدارىسى ئۇيۇشتۇرغان باھالاشتىن ئۆتتى. بۇنىڭ تېخنىكا سەۋىيىسى دۆلەت ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان سىمولا ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى دۆلەت ئىچىدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى. پوسكام نېفىت خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا جۇڭگو كېمە - پاراخوتلارنى دەرىجىگە ئايرىش جەمئىيىتىنىڭ نەق مەيداندا تەكشۈرۈشىدىن ئۆتۈپ، ISO9002 سۈپەت سىستېمىسىنىڭ گۇۋاھلىق بېرىش گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ خىمىيە سانائىتى ساھەسىدە تۇنجى بولۇپ، ISO9002 سۈپەت سىستېمىسىنىڭ گۇۋاھلىق بېرىش گۇۋاھنامىسىنى ئالغان خىمىيۋى ئوغۇت كارخانىسى بولۇپ قالدى. جۇڭگو نېفىت پاي چەكلىك شىركىتى مايتاغ نېفىت خىمىيە شۆبە شىركىتى خەلقئارا مۇھىت سىستېمىسى ئۆلچىمى ISO14001 نى ۋە خەلقئارا نېفىت - تەبىئىي گاز ساھەسىنىڭ ساغلام، بىخەتەر ۋە مۇھىت (HSE) باشقۇرۇش ئۆلچىمىنى كىرگۈزۈپ، بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە تۈگىتىشنى ئۈنۈملۈك يولغا قويدى، ئېنېرگىيىدىن پايدىلىنىپ، خام ئەشيا - ماتېرىيالنى تېجەپ، مۇھىت باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى. نېفىت خىمىيە سانائىتىنىڭ كېرەكسىز سۇ قويۇپ بېرىشنىڭ ئۇنىۋېرسال لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 1998 - يىلدىكى %92 تىن %97 كە ئۆستى. COD نىڭ قويۇپ بېرىلىش ئومۇمىي مىقدارى 532 توننىدىن 420 تونناغا تۆۋەنلىدى. نېفىت ئايرىپ پىششىقلاشتىكى زىيان نىسبىتى %4 تىن %1.27 كە تۆۋەنلىدى. قاراماي نېفىت خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى 72 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، سائىتىگە 600 كۇب مېتىر بۇلغانغان سۇنى ئۇنىۋېرسال بىر تەرەپ قىلىدىغان زاۋۇت قۇردى. 1999 - يىلى بۇلغاتقۇ قويۇپ بېرىشنى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن

ئۆتتى. شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى شياۋگەي نېفىتلىكىدىكى تۆۋەن بېسىملىق ئاربىلاشما گازنى يىغىۋېلىپ پايدىلاندى، بۇنىڭ بىلەن تەبىئىي گازنى ھاۋاغا قويۇپ بېرىدىغان مەشئەلنى يوقاتتى، مۇشۇ بىر تۈردىلا ھەر كۈنى 16 مىڭ يۈەن كىرىم ياراتقىلى بولىدۇ.

1999 - يىلى خىمىيە سانائىتى ساھەسى بايلىقتىن ھەر تەرەپلىمە پايدىلىنىش ۋە ئېنېرگىيە تېجەش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بەردى. يىل ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايوننىڭ خىمىيە سانائىتى ساھەسىدىكى 10 كارخانىنىڭ 14 خىل مەھسۇلاتى ئاپتونوم رايوننىڭ بايلىقتىن ئومۇمىيۈزلۈك پايدىلىنىلغان مەھسۇلاتى دەپ ئېتىراپ قىلىندى. 1999 - يىلى خىمىيە سانائىتى كەسپىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تەربىيە ئېلىش دائىرىسى 50% تىن، ئىش ئورنىدا تەربىيىلىنىش نىسبىتى 60% تىن ئاشتى. شىنجاڭ خىمىيە سانائىتى مەكتىپى ۋە ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى ئاپتونوم رايون تەۋەسىدە «قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغانلارنى تەربىيىلەش بويىچە بەلگىلەنگەن ئورۇن» قىلىپ بېكىتىلدى. بۇلار ئاساسلىقى، خىمىيە سانائىتى ساھەسىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ماھارەت جەھەتتە تەربىيىلەش ھەمدە باھالاش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغانلارنى تەربىيىلەش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئۈستىگە ئالدى. شىنجاڭ خىمىيە سانائىتى مەكتىپىنى مائارىپ مىنىستىرلىكى دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق ئوتتۇرا تېخنىكوم دەپ تەستىقلىدى.

گاۋ جۈنچاڭ

## خىمىيۋى قوراللارنى ئىشلەتمەسلىكنى مەنئى قىلىش ئەھدىنامىسىغا ئەمەل قىلىش خىزمىتى

1999 - يىل 11 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ش ئۇ ئا ر خىمىيۋى قوراللارنى مەنئى قىلىش ئەھدىنامىسى خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇردى، بۇ گۇرۇپپا ئەھدىنامىدىكى بەلگىلىمىگە ۋە دۆلەتنىڭ ئەھدىنامىغا ئەمەل قىلىش خىزمىتىنى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايوننىڭ ئەھدىنامىغا ئەمەل قىلىشقا دائىر فاكچېن، سىياسەتلىرىنى مۇزاكىرە قىلىپ تۈزۈپ چىقىش، ئەھدىنامىغا ئەمەل قىلىش جەريانىدا تارماقلار، ساھەلەر ئوتتۇرىسىدىكى خىزمەت مۇناسىۋىتىنى ماسلاشتۇرۇش، دۆلەت ئەھدىنامىغا ئەمەل قىلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى تاپشۇرغان خىزمەت ۋەزىپىسىنى بېجىرىشكە مەسئۇل بولىدى. رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئىشخانىسى ش ئۇ ئا ر خىمىيە سانائىتى نازارىتىدە تەسىس قىلىندى.

گاۋ جۈنچاڭ

# يېنىك سانائەت

## ئومۇمىي ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون سىستېمىسىدىكى يېنىك سانائەتنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليارد 429 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 3.03% ئاشتى؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 701 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2.16% ئاشتى؛ ئېكسپورتقا تاپشۇرۇلغان مال قىممىتى 466 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 4.48% ئاشتى. سىستېما ئىچىدىكى مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان 399 سانائەت كارخانىسىنىڭ جەمئىي سېتىش كىرىمى 2 مىليارد 516 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 90 مىليون يۈەن پايدا - باج يارىتىلدى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ يېنىك سانائەت سىستېمىسى بويىچە تاپشۇرغان پايدا - بېجى ئەڭ كۆپ بولغان 8 كۈچلۈك كارخانا

| تەرتىپ | كارخانا نامى | پايدا - باج ئومۇمىي سوممىسى (تۈمەن يۈەن) |
|---|---|---|
| 1 | ئىلى ئالىي هارىقى هەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتى | 18997.4 |
| 2 | شىنجاڭ تاماكا زاۋۇتى | 14985 |
| 3 | شىنجاڭ پىۋا گۇرۇھى | 5105.7 |
| 4 | شىنجاڭ شىخو پىۋا گۇرۇھى | 4448.6 |
| 5 | شىخەنزى بەيياڭ هاراق زاۋۇتى | 2430.5 |
| 6 | شىخەنزى شىنشەن هاراق زاۋۇتى | 1729.4 |

| | | |
|---|---|---|
| 7 | «تۇنخې» قەغەزچىلىك چەكلىك شىركىتى | 1641.3 |
| 8 | باغراش كۆلى قومۇشچىلىق (گورۇھى) | 711.6 |

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ يېنىك سانائەت سىستېمىسى بويىچە سېتىش كىرىمى ئەڭ كۆپ بولغان 8 كۈچلۈك كارخانا

| تەرتىپى | كارخانا نامى | سېتىش كىرىمى (تۈمەن يۈەن) |
|---|---|---|
| 1 | ئىلى ئالىي هارىقى ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتى | 44709 |
| 2 | شىنجاڭ تاماكا زاۋۇتى | 29103 |
| 3 | «1 - ئاۋغۇست» شېكەرچىلىك چەكلىك شىركىتى | 17135 |
| 4 | شىنجاڭ شىخو پىۋا گورۇھى | 16619.6 |
| 5 | شىخەنزە بەيياڭ هاراق زاۋۇتى | 15646.9 |
| 6 | شىنجاڭ پىۋا گورۇھى | 14758 |
| 7 | ئىلى «سىفاڭ» شېكەرچىلىك شىركىتى | 13361.2 |
| 8 | شىخەنزە شىنشەن هاراق زاۋۇتى | 13143.6 |

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون يېنىك سانائىتىنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات ۋەزىيىتى بىرقەدەر ياخشى بولدى. مۇشۇ يىلى ئىشلەپچىقىرىشتا مەلۇم تەرەققىيات سۈرئىتى داۋاملىق ساقلاپ قېلىندى.

جيا ۋېنخاۋ

## ئاساسلىق مەھسۇلاتلار مىقدارىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشلەپچىقىرىلغان زاۋۇت قەغىزى ۋە قەغەز تاختا 180 مىڭ 700 توننىغا يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %7.05 ئاشتى. ماشىنىدا ئىشلەنگەن قەنت 464 مىڭ 700 توننا بولۇپ، %2.35 تۆۋەنلىدى، پەمىدۇر قىيامى 182 مىڭ 900 توننىغا يېتىپ، %38.25 ئاشتى. خام تۇز 385 مىڭ 600 توننىغا يېتىپ، %40.06 ئاشتى. ئاق هاراق 77 مىڭ توننا بولۇپ، %6.55 تۆۋەنلىدى. پىۋا 169 مىڭ 100 توننا بولۇپ، %6.63 تۆۋەنلىدى. سۇلياۋ ياسالمىلىرى 141 مىڭ 700 توننا بولۇپ، %15.86 تۆۋەنلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە نېپىز يوپۇق 81 مىڭ 600 توننا بولۇپ، %20.23 تۆۋەنلىدى.

جيا ۋېنخاۋ

## تاشقى ئىقتىساد - تاشقى سودا خىزمىتى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ يېنىك سانائەت سىستېمىسى ئاپتونوم رايون ئىچى، دۆلەت ئىچىدىكى بازارلارنى ئېچىش بىلەن بىرگە، خەلقئارا بازارلارنىمۇ زور كۈچ بىلەن ئاچتى. پەمىدۇر قىيامى داۋاملىق ھالدا مەملىكەتنىڭ مەھسۇلات مىقدارى بويىچە 1 - ئورۇندا، ئېكسپورت قىلىشتا 1 - ئورۇندا تۇرۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە كۆپ ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋار بولۇپ قالدى. «مېيىك» ئائىلە جاھازلىرى چەكلىك شىركىتى ئائىلە جاھازلىرىنى ئېكسپورت قىلىشتا كۈچلۈك بولۇشتەك ۋەزىيەتنى ساقلاپ كەلدى، ئايلىق يارىتىلغان ئوتتۇرىچە تاشقى پېرېۋوت 3 مىليون دوللارغا يەتتى. شىنجاڭ يېنىك سانائەت گورۇھى چېگرا سىرتىدا پەمىدۇر قىيامىنى قاچىلاش شۆبە زاۋۇتى قۇردى.

جيا ۋېنخاۋ

## پەن - تېخنىكا سۈپىتى خىزمىتى

1999 - يىلى شىنجاڭ «تۇنخې» قەغەزچىلىك شىركىتى ياراتقان «رەڭلىك بېسىلغان ۋالىن قەغەز يەشىك»، قاراماي «خېلى» شىركىتى گېرمانىيىدىن كىرگۈزۈلگەن ئۈسكۈنە ئارقىلىق ئىشلەپچىقارغان يىپ تورلۇق باسما سۇلياۋ تۇلۇڭ قاتارلىقلار دۆلەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى. شىنجاڭ پىۋا گورۇھى كەشىپ قىلىپ ئىشلەپچىقارغان «شىنجاڭ» ماركىلىق ئالىي پىۋا قاتارلىقلار بازاردا ئالقىشقا ئېرىشتى.

ئۈستۈنلۈككە ئىگە تايانچ كارخانىلار داۋاملىق كارخانا



شىنجاڭ پىۋا گۇرۇھىنىڭ پىۋا ئىشلەپچىقىرىش ئاقما لىنىيىسى

جاۋ جۈنئەن فوتوسى

تېخنىكا تەرەققىيات مەركىزى قۇردى. شىنجاڭ پىۋا گۇرۇھى، ئىلى ئالىي ھارىقى پاي چەكلىك شىركىتى، ئىلى «سىفاڭ» شېكەرچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قۇرغان كارخانا تېخنىكا تەرەققىيات مەركىزى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەركەز دەپ ئېتىراپ قىلىندى.

1999 - يىلى ئىلى ئالىي ھارىقى پاي چەكلىك شىركىتى مەملىكەت بويىچە سۈپەت باشقۇرۇش پائالىيىتىدە مۇنەۋۋەر كارخانا بولۇپ باھالاندى. شىنجاڭ پىۋا گۇرۇھى، شىخەنزە «بەيياڭ» ھاراق زاۋۇتى قاتارلىق 5 يېنىك سانائەت كارخانىسى ISO9002 سۈپەت سىستېمىسىنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىدىن ئۆتتى. شىخەنزە «بەيياڭ» ھاراق زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان «بەيياڭ» ماركىلىق لاۋجياۋ ھارىقى، ئالاھىدە ھاراق تۈرلىرى، «چاڭتۇڭ» پەمىدۇر قىيامى ياسالمىلىرى چەكلىك شىركىتى ئىشلەپچىقارغان «تىڭيۇ» ماركىلىق پەمىدۇر قىيامى، «شۆبەيجېن» چەكلىك شىركىتى ئىشلەپچىقارغان «شۆبەيجېن» ماركىلىق مۇزلۇق سۈيى، ساپ سۇ شىنجاڭدىكى داڭلىق مەھسۇلات دېگەن نامغا ئېرىشتى.

جيا ۋېنخاۋ

## كارخانا ئىسلاھاتى

1. ئاپتونوم رايوندىكى يېنىك سانائەت كارخانىلىرىنىڭ تۈزۈلمە ئۆزگەرتىش، ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش دائىرىسى كەڭ، شەكلى ھەرخىل، سالمىقى چوڭ بولدى. جايلاردىكى يېنىك سانائەتكە مەسئۇل تارماقلار، ھەر دەرىجىلىك بىرلەشمە كوپېراتىپلار ۋە كارخانىلار مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىشنى يادرو قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، بىرلىشىش، قوشۇۋېلىش، سېتىش - ئىجارىگە بېرىش، ھۆددىگە بېرىش، ۋەيران قىلىش، كېم ئارتۇق قىلىپ سېتىش، پاي تۈزۈمى، پاي ھەمكارلىق تۈزۈمى قاتارلىق تۈزۈلمە ئۆزگەرتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، زور بىر تۈركۈم ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنى قايتا تەشكىللىدى ۋە تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتتى. يىل ئاخىرىغىچە يېنىك سانائەت كەسپىدە تۈزۈلمە ئۆزگەرتىش دائىرىسى 60% تىن كۆپرەككە يەتتى.

2. يېنىك سانائەتنىڭ مۈلۈكچىلىك قۇرۇلمىسى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىقتىسادىي تەركىبلەر كۆپەيدى. جايلاردىكى يېنىك سانائەتكە مەسئۇل تارماقلار، ھەر دەرىجىلىك بىرلەشمە كوپېراتىپلار ۋە كارخانىلار مۈلۈكچىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنى، بولۇپمۇ ۋىلايەت، ناھىيىلەردىكى كىچىك كارخانىلارنى بوشىتىش ئېغىزى قىلىپ، خەلق باشقۇرغان ئىگىلىكنى ۋە يەككە - خۇسۇسىي ئىگىلىكنى ئاساس قىلغان ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇردى. دۆلەت كونترول قىلىدىغان ئىگىلىكنىڭ نىسبىتى تۆۋەنلىدى. دۆلەت مۈلكىنىڭ بىر قىسمى بەزى ساھەلەردىن چېكىنىپ چىقتى. بەزى ساھەلەردىكى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا كارخانىلار ئۆزىنىڭ جانلىق مېخانىزمى ۋە ئىلغار باشقۇرۇشىغا تايىنىپ، ساھە بويىچە باشلامچى كارخانا بولۇپ قالدى.

3. ساھەلەرنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشتە دەسلەپكى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. ئۈستۈنلۈككە ئىگە، ئۆزگىچە كەسپلەر زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. يېنىك سانائەت تەرەققىياتىدا، جايلار بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ ئالاھىدىلىككە ئىگە كەسپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى كەسپلەر ئوخشاپ كېتىدىغان ئەھۋالنى ئۆزگەرتتى. يېنىك سانائەت ساھەسىدىكى نۇقتىلىق كەسپلەر مەسىلەن: شېكەرچىلىك، قەغەزچىلىك، ھاراقچىلىق (ئاق ھاراق، پىۋا، ئۈزۈم ھارىقى)، پەمىدۇر قىيامى، سۇلياۋ ئىشلەش كەسپلىرى قاتارلىق كەسپلەرنىڭ ئەۋزەللىكى

ئېغىمۇ روشەنلەشتى، بەزى ساھەلەردە ياخشى تەرەققىيات ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى.

4. گۈرۈھلىشىش تەرەققىيات يولىدا مېگىشتا ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانىلار ئىچىدە شىنجاڭ يېڭىلىق سانائەت گۇرۇھى، شىنجاڭ يېڭىلىق يېزا گۇرۇھى، شىنجاڭ 2 - يېڭىلىق سانائەت گۇرۇھى قۇرۇلدى، بەزى نۇقتىلىق ساھەلەردىكى ئۈستۈنلۈككە ئىگە كارخانىلارنىڭ ھەممىسى گۇرۇھلىشىش نىشانىغا قاراپ تەرەققىي قىلدى. شېكەرچىلىك ساھەسىدىكى ئىلى شېكەر زاۋۇتى بىرلىشىپ «سىغالڭ» شېكەرچىلىك گۇرۇھى قۇردى. قەغەزچىلىك ساھەسىدىكى باغراش قەغەز زاۋۇتى باغراش قومۇشچىلىق گۇرۇھى شىركىتى قۇردى. ھاراقچىلىق ساھەسىدە شىخو يېزا گۇرۇھى، ئىلى ئالىي ھارىقى پاي ھەكلىك شىركىتى قاتارلىقلار قۇرۇلدى. بۇنىڭدىن سىرت، ئەسلىدە بازارغا چىققان تۇنخې، تيەنيې، قۇلساق پاي شىركىتى قاتارلىقلار كۆلەمنى كېڭەيتىشتە ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلدى.

جيا ۋېنخاۋ

# توقۇمىچىلىق سانائىتى

## توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى توقۇمىچىلىق كارخانىلىرىنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليارد 802 مىليون يۈەنگە يېتىپ (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)، 1998 - يىلدىكىدىن %8.72 ئاشتى، سېتىۋا ئىچىدىكى سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليارد 392 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %27.16 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە پاختا توقۇمىچىلىق كەسپىنىڭ 2مىليارد 922 مىليون يۈەن بولۇپ، %30.04 ئاشتى، يۇڭ توقۇمىچىلىق كەسپىنىڭ 776 مىليون يۈەن بولۇپ، %7.78 ئاشتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 519 مىليون يۈەن بولۇپ، %17.52 ئاشتى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى توقۇمىچىلىق كارخانىلىرى ئېكسپورتقا تاپشۇرغان مال قىممىتى 1 مىليارد 207 مىليون يۈەنگە يېتىپ (خەلق پۇلى) 1998 - يىلدىكىدىن %22.29 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۆزى باشقۇرغان ئېكسپورت سوممىسى 1 مىليارد 50 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %60.8 ئېشىپ، ئېكسپورتقا تاپشۇرغان مال قىممىتىنىڭ %87 نى ئىگىلىدى.

1999 - يىلى 43 مىليون 40 مىڭ يۈەن پايدا - باج ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن (مىنۇس 97 مىليون 90 مىڭ يۈەن) 140 مىليون 130 مىڭ يۈەن ئاشتى، پايدا ئومۇمىي سوممىسى مىنۇس 224 مىليون يۈەن بولدى، زىيان 65 مىليون يۈەن ئازايدى، زىياننىڭ ئازىيىش ھەجمى %22.49 بولدى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى توقۇمىچىلىق ساھەسىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى شۇ بولدىكى، بىرىنچى، پاختا توقۇمىچىلىقىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت ۋەزىيىتى مۇقىم بولدى، ياخشى تەرەققىيات ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يۇڭ توقۇمىچىلىقىنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش سالمىقى ئاشۇرۇلدى. ئىككىنچى، پۈتۈن ساھەنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىدا ئىزچىل تۈردە مۇقىم ئېشىش ۋەزىيىتى ساقلاپ قېلىندى. ئىقتىسادىي ئۈنۈم تەدرىجىي ھالدا ياخشى بولۇش نىشانىغا قاراپ يۈزلەندى، كارخانىلارنىڭ ئىش باشلاش ئۈنۈمى ئومۇميۈزلۈك ئۆستى. ئۈنۈۋېرسال ئىش باشلاش ئۈنۈمى %21.4 ئۆستى، زىيان تارتىش دائىرىسى 1998 - يىلدىكىدىن %18.92 ئازايدى، پايدا ئومۇمىي سوممىسىدا سىياسەت خاراكتېرلىك ئامىلنى چىقىرىۋەتكەندە، ئەمەلىي زىيان 145 مىليون يۈەن ئازىيىپ، زىياننىڭ ئازىيىش ھەجمى %63 بولدى. ئۈچىنچى، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىش ياخشى جىپسىلاشتى، مەبلەغ ئوبوروتى تېزلەشتى، مەھسۇلاتلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش - سېتىلىش نىسبىتى 1998 - يىلدىكىدىن 2 پىرسەنت پونكىتى ئاشتى. تەييار مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش مەبلىغى %9 ئازايدى. تۆتىنچى، مەھسۇلات قۇرۇلمىسى تەڭشەلدى، ئىچكى - سىرتقى بازارلار كەڭ ئېچىلدى، ئېكسپورت سالمىقى ئاشۇرۇلدى، تاشقى سودا ئىزچىل ئاشتى.

1999 - يىلى ساقلانغان مەسىلىلەر: ساھەلەر ئارا تەرەققىيات تەكشى بولمىدى، پاختا توقۇمىچىلىق ساھەسىنىڭ ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچى كۆرۈنەرلىك ئاشتى، يۇڭ توقۇمىچىلىق، يىپەك توقۇمىچىلىق ساھەسى تۆۋەنلەشكە يۈزلەندى. ئومۇمىي ئېشىش 1998 - يىلى تۆۋەنرەك بولغان تۆپ سان ئاساسىدىكى ئېشىش ئاساسىدا بولدى. ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئايمۇ ئاي ئاشقان (زىياننى %50 ئازايتىش نىشانى ئىشقا ئاشقان) بولسىمۇ، ئومۇمىي سەۋىيە يەنىلا تۆۋەن بولدى. جەملەنگەن 59 كارخانا ئىچىدە، 30 كارخانا زىيان تارتتى، زىيان سوممىسى 350 مىليون يۈەن بولدى. پايدا بىلەن زىياننى بالانس قىلغاندىن كېيىن زىيان يەنىلا 224 مىليون يۈەن بولدى. مەھسۇلات سۈپىتىنىڭ ناچار بولۇشى يەنىلا كارخانا تەرەققىياتىغا تەسىر يەتكۈزگەن ھالقىلىق ئامىللارنىڭ بىرى

بولدى. مەھسۇلات دەرىجىسى ئۆستۈرۈلگەن بولسىمۇ، مەملىكەت بويىچە ئىلغار سەۋىيىدىن خېلى يىراق.

رېن شۈيخۇڭ، گاۋجياڭ

## تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە 123 مىليون 130 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 7 تۈر ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، نۇقتىلىق تۈر: كورلا پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ سىپتا تاراشنى ئۆزگەرتىش 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشى، «تۆمۈر چوققا» پاختا توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى كىرگۈزگەن ھاۋا ئېقىمى بىلەن ئېگىرىش ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى، «تەڭرىتاغ» توقۇمىچىلىق (گۇرۇھى) چەكلىك شىركىتى كىرگۈزگەن ھاۋا ئېقىمى ئېگىرىش ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى، سانجى پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ سىپتا تاراشنى ئۆزگەرتىش تۈرى، قۇمۇل «ھەمكارلىق» پاختا توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ سىپتا تاراشنى ئۆزگەرتىش تۈرى، قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ 192 كەڭ ئەنلىك توقۇش ئىستانوكىنى ئۆزگەرتىش تۈرى، سانجى پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ 25 مىڭ ئۇرچۇقلۇق ئىنچىكە يىپ ئېگىرىش ماشىنىسىنى يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش تۈرى. بۇنىڭ ئىچىدە، «تەڭرىتاغ» توقۇمىچىلىق (گۇرۇھى) چەكلىك شىركىتى، سانجى پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، قۇمۇل «شىبلى» پاختا توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى، قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ تۈرلىرى 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، قالغان تۈرلەر 2000 - يىل 6 - ئايدىن بۇرۇن ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلمەكچى. «تەڭرىتاغ» توقۇمىچىلىق (گۇرۇھى) شىركىتى ۋە «تۆمۈر چوققا» پاختا توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى كىرگۈزگەن يەل بىلەن ئېگىرىش ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى خەلقئارا ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى، بۇ تۈرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈشى كارخانىنىڭ مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، مەھسۇلات سۈپىتى ۋە دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، كارخانىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىدى. شۇنداقلا پۈتۈن ساھەنىڭ كەسىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىشنى ئالغا سۈرۈشتە ئۈلگە كۆرسىتىش رولىنى ئوينىدى.

فەن جىخۇڭ

## يېڭى مەھسۇلات يارىتىش ۋە يېڭى تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ توقۇمىچىلىق ساھەسى يېڭى مەھسۇلاتلارنى يارىتىش، يېڭى تېخنىكىنى قوللىنىشتا توقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن رەتلەش ۋە توقۇمىچىلىقتا ئورتاقلىققا ئىگە تېخنىكىنى قوللىنىش، تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئاساس قىلدى. باھالاش ئارقىلىق تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالغان تۈرلەر مۇنۇلاردىن ئىبارەت: 1. شىنجاڭ توقۇمىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ساپ يىپەك تاۋار - دۇردۇننى پۈرلەشتۈرمەسلىك، دەزماللىماسلىق ھۈنەر - سەنئەتنى تەتقىقات تۈرى. 2. شىنجاڭ توقۇمىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ساپ پاختا كاۋبو رەخت ۋە ئىلمە توقۇلما بىئوپېرمېنت ھۈنەر - سەنئەت تەتقىقات تۈرى. 3. ئۈرۈمچى «يۈڭخۇڭ» ئىلمە توقۇلما فابرىكىسىنىڭ يوتقان يېڭى مەھسۇلاتلىرىنى يارىتىش تۈرى.

1999 - يىلى شىنجاڭ توقۇمىچىلىق گۇرۇھى، شىخەنزە «1 - ئاۋغۇست» پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، شىنجاڭ «كېپىنەك شاھى» ئىلمە توقۇمىچىلىق فابرىكىسى قاتارلىق كارخانىلار رەڭلىك پاختا ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، رەڭلىك پاختىدىن بىر يۈرۈش يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقاردى.

جاڭ شياۋشۈەن

## يۇڭ توقۇمىچىلىق ساھەسى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى قارمىقىدىكى يەرلىك يۇڭ توقۇمىچىلىق كارخانىلىرىنىڭ سېتىش كىرىمى 226 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %3.26 ئاشتى، 25 مىليون 580 مىڭ يۈەن پايدا، باج ئىشقا ئاشۇرۇلدى. پايدا ئومۇمىي سوممىسى بويىچە پايدا بىلەن زىيان بالانس قىلىنغاندىن كېيىن، زىيان 60 مىليون 890 مىڭ يۈەن بولۇپ، 50 مىليون 500 مىڭ يۈەن كۆپەيدى، كارخانىنىڭ قەرز نىسبىتى %88.88 بولۇپ، 7.51 پىرسەنت پوئىنتى ئاشتى. بۇ 2 خىلدىكى مەبلەغنىڭ ئىگىلىنىپ ئىشلىتىلگىنى 467 مىليون 70 مىڭ يۈەن بولدى.

جەملەنگەن 8 يۇڭ توقۇمىچىلىق كارخانىسى ئىچىدە، پەقەت 2 كارخانىلا پايدا ئالدى (شىنجاڭ «غەربىي دىيار» يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى 100 مىڭ يۈەن، شىنجاڭ 2 - يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى 40 مىڭ يۈەن پايدا ئالدى).

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى يۇڭ توقۇمىچىلىق ساھەسىنىڭ قەدەم تاشلىشى مۇشكۇل بولدى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ئىزچىل تۆۋەن بولۇپ كەلدى. ئىشلەپچىقىرىش - سېتىشتا مىسلى كۆرۈلمىگەن قىيىنچىلىق يۈز بەردى، مەھسۇلات بازىرى كاساتلاشتى. ئامبار قالدۇقى كۆپەيدى. مەبلەغ ئوبوروتى قىيىنلاشتى، بۇلار كارخانىنىڭ نورمال ئىشلەپچىقىرىشىغا تەسىر يەتكۈزۈپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئايمۇئاي تۆۋەنلەپ كەتتى.

يۇڭ توقۇمىچىلىق ساھەسىنىڭ يىللىۋېـــل زىيان تارتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاساسلىق سەۋەب: 1. تۈزۈلمە ئۆزگەرتىش قەدىمى ئاستا بولدى، مۈلۈكچىلىك قۇرۇلمىسى نامۇۋاپىق بولۇپ، مېخانىزم جانلىق بولمىدى، ئىسلاھات - يېڭىلىق يارىتىش سالمىقى يېتەرلىك بولمىدى، كارخانىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشىدا توغرا ئىستراتېگىيە كەمچىل بولدى. 2. قەرز كۆپ، ئىجتىمائىي يۈك بەك ئېغىـــر، مۈلۈك قۇرۇلمىسى نامۇۋاپىق بولدى، ھەددىدىن زىيادە يۇقىرى مالىيە خىراجىتى كارخانا تىجارىتىنى ئىنتايىن قىيىـــن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. 3. مەھسۇلاتلارنى تەتقىق قىلىپ ئىشلەش، يېڭى مەھسۇلات يارىتىش ۋە ماركېتىڭ تاكتىكىســـى بازار تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن بولمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخنىكا كۈچى ئاجىز، مەھسۇلاتنىڭ دەرىجىســـى تۆۋەن، باشلانغۇچ مەھسۇلات كۆپ، كۆپ مىقدارلىق مال كۆپ، ئالىي، نەپىس، سەرخىل، يېڭـــى، ئالاھىـــدە مەھسۇلاتلار ئاز، مەھسۇلاتنىڭ قوشۇرما قىممىتى تۆۋەن، پەن - تېخنىكا تەركىبى ئاز، تۈتامىغا چىققۇدەك داڭلىق مەھسۇلات كەمچىل بولدى.

رېن شۈيخۇڭ

ئاپتونوم رايوندىكى توقۇمىچىلىق سانائىتى ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ 1999 - يىلدىكى ئورۇندىلىش ئەھۋالى

| تۈرى | بىرلىكى | 1999 - يىل | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى ± % |
|---|---|---|---|
| سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (ساھە بويىچە) | 100 مىليون يۈەن | 48.02 | 8.72 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: سىستېما ئىچىدىكى | 100 مىليون يۈەن | 43.92 | 27.16 |
| سانائەت قوشۇلما قىممىتى | 100 مىليون يۈەن | 15.19 | 25.54 |
| خىمىيەۋى تالا | توننا | 31537 | 21.37 |
| يىپ | توننا | 294378 | 33.61 |
| رەخت | 10 مىڭ مېتىر | 27450 | 2.74 |
| بويالغان رەخت | 10 مىڭ مېتىر | 2495 | 7.59 |
| سوكنو | 10 مىڭ مېتىر | 875 | -10.62 |
| بۇنىڭ ئىچىدە سىپتا ئېگىرىلگىنى | 10 مىڭ مېتىر | 856 | -5.52 |
| توم ئېگىرىلگىنى | 10 مىڭ مېتىر | 19 | -73.97 |
| تىۋىت يىپ | توننا | 1738 | 27.7 |
| يۇڭ ئەديال | 10 مىڭ دانە | 2.13 | 4.41 |
| پاختا ئىلمە توقۇلمىلارنىڭ يىپقا سۇندۇرۇلۇشى | توننا | 4294 | 9.99 |
| مەشۇت | توننا | 267 | -12.17 |
| يىپەك توقۇلمىلار | 10 مىڭ مېتىر | 179 | 36.54 |
| زىغىر تالا يىپى | توننا | 1220 | 15.31 |
| كىيىم - كېچەك | 10 مىڭ قۇر | 1302.68 | 9.18 |
| ئېكسپورتقا تاپشۇرغان مال قىممىتى | 100 مىليون يۈەن | 12.07 | 22.29 |

## پاختا توقۇمىچىلىق ساھەسى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ توقۇمىچىلـــىق سانائىتىدىكى يەرلىك پاختا توقۇمىچىلىق كارخانىلىرىنىـــڭ سېتىش كىرىمى 2 مىليارد 759 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 24% ئاشتى، پايدا - باج 97 مىليون 490 مىڭ يۈەن بولدى. پايدا ئومۇمىي سوممىسى بويىچە پايدا - زىياننى بالانس قىلغاندىن كېيىن، زىيان 37 مىليون 120 مىڭ يۈەن بولۇپ، زىيان 77 مىليون 770 مىڭ

يۈەن ئازايدى، قەرز نىسبىتى %86 بولۇپ، 2 پىرسەنت پۈئىنتى تۆۋەنلىدى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى پاختا توقۇمىچىلىق كارخانىلىرىنىڭ ئىش باشلاش نىسبىتى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستى. ئۈسكۈنىلەردىن پايدىلىنىش نىسبىتى %106 بولۇپ، ئايلىنىش نىسبىتى 1998 - يىلدىكىدىن 10 پىرسەنت پۈئىنتى ئۆستى. كارخانىلار بازارنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تەلىپىگە ئاساسەن، مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى زور كۈچ بىلەن تەڭشەپ، مەھسۇلات دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، خېرىدارلىق، ئۈنۈملۈك، تېخنىكا تەركىبى يۇقىرى، ئاشۇرما قىممىتى يۇقىرى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقاردى. ھېسابلىنىشىچە، پاختا يىپ مەھسۇلاتى ئىچىدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك (30 - نومۇرلۇق) تىن يۇقىرى يىپ مەھسۇلات مىقدارى ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارىنىڭ %48 نى ئىگىلەپ، 1998 - يىلدىكىدىن 12 پىرسەنت پۈئىنتى ئۆسكەن. سىپتا تارالغان يىپ نىسبىتى %28 نى ئىگىلىگەن. بۇ 2 خىل مەبلەغنىڭ، بولۇپمۇ تەييار مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش مەبلىغىنىڭ خەزىنىلەشتۈرۈلۈش سۈرئىتى ياخشىلانغان. 1999 - يىلى پاختا توقۇمىچىلىق كارخانىلىرىنىڭ تەييار مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش مەبلىغى 1998 - يىلدىكىدىن 147 مىليون 640 مىڭ يۈەن ئازايغان، ئىشلەپچىقىرىش - سېتىش نىسبىتى %102.17 بولغان، ئىشلەپچىقىرىش - سېتىش ۋەزىيىتى ئايمۇئاي ياخشىلانغان. 27 پاختا توقۇمىچىلىق كارخانىسى ئىچىدە، 18 كارخانا پايدا ئالغان، پايدا ئېلىش دائىرىسى %67 بولغان.

رېن شۈيخۇڭ

## پاختا توقۇمىچىلىقتا ئۇرچۇق ئازايتىش ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 130 مىڭ ئۇرچۇق ئازايتىلدى (بۇنىڭ ئىچىدە، بىڭتۇەننىڭ 50 مىڭ)، بۇنىڭ ئىچىدە، شىنجاڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى (گۇرۇھى) شىركىتىنىڭ 35 مىڭ، سانجى پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ 25 مىڭ، قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ 5000، «تەڭرىتاغ» توقۇمىچىلىق (گۇرۇھى) چەكلىك شىركىتىنىڭ 5000، «شۇندا» پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ 10 مىڭ. ئۇرچۇقنى ئازايتىشقا قوشۇپ بېرىلىدىغان مەبلەغنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيلەشتى ھەمدە دۆلەتنىڭ شىنجاڭغا چۈشۈرگەن ئۇرچۇق ئازايتىش ۋەزىپىسى مۇددەتتىن بىر يىل بۇرۇن ئورۇندالدى.

فەن جىنخۇڭ

## كارخانا ئىسلاھاتى

1. دۆلەتنىڭ سىياسەت جەھەتتىكى ياردىمى پائال قولغا كەلتۈرۈلۈپ، مەبلىغى قەرزگە چىقىش قىلمايدىغان، زىيانى تۈگىتىشتىن ئۈمىد كۆتكىلى بولمايدىغان كارخانىلار قوشۇۋېتىلدى، ۋەيران قىلىندى. توقۇمىچىلىق سانائىتى نازارىتى كارخانىلارنى قوشۇۋېتىش، ۋەيران قىلىش پىلانىنى مەلۇم قىلىشقا كونكرېت مەسئۇل بولدى. تەكشۈرۈپ ئىگىلەپ تەكشۈرۈش، تاللاش ئارقىلىق، 1999 - يىلى 5 تۈر يۇقىرىغا مەلۇم قىلىندى، دۆلەت 2 تۈرنى رەسمىي تەستىقلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە قوشۇۋېتىش تۈرى بىر. يەنى لوپنۇر (گۇرۇھى) شىركىتى كورلا پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىغا قوشۇۋېتىلدى. ئېسىلىپ قالغان، بۇزۇلغان ھېساباتىكى 170 مىليون يۈەن تەكشۈرۈلۈپ كۆتۈرۈۋېتىلدى، ۋەيران قىلىش تۈرى بىر. قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق زاۋۇتى ۋەيران قىلىندى. ئېسىلىپ قالغان تىرىلمەس ھېساباتىكى 230 مىليون يۈەن تەكشۈرۈلۈپ كۆتۈرۈۋېتىلدى. ۋەيران قىلىش تەرتىپى 2000 - يىل 1 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئاخىرلاشتى.

2. 1999 - يىلى توقۇمىچىلىق سانائىتى نازارىتى 10 كارخانىنىڭ قەرزنى پايغا ئۆزگەرتىش ئىلتىماسىنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلدى. يىل ئاخىرىدا، دۆلەت ئىقتىساد - سودا كومىتېتى 4 كارخانىنى رەسمىي تەستىقلاپ بانكىغا تونۇشتۇردى. ئۇلار: شىنجاڭ توقۇمىچىلىق گۇرۇھىنىڭ پايغا ئۆزگەرتىلگىنى 830 مىليون يۈەن، «تيەنچۇەن» يۇڭ توقۇمىچىلىق گۇرۇھىنىڭ 290 مىليون يۈەن، لوپنۇر گۇرۇھىنىڭ 170 مىليون يۈەن، شىنجاڭ دىلۇن تالا فابرىكىسىنىڭ 310 مىليون يۈەن.

3. زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى بەرپا قىلىش تەلىپىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايوندىكى چوڭ، ئوتتۇرا دۆلەت توقۇمىچىلىق كارخانىلىرى تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىش، قايتا تەشكىللەش قەدىمىنى تېزلەتتى. 1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، بايىنغولىن ئوبلاستى كورلا پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى بىلەن لوپنۇر پاختا - چىگە توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنى ئاساسىي گەۋدە قىلىپ، لوپنۇر گۇرۇھى قۇردى؛ 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئىلى يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى ئايرىلىپ چىقىپ قايتا تەشكىللىنىپ، ئىلى يۇڭ توقۇمىچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى بولۇپ قۇرۇلدى. 12 - ئاينىڭ 22 - كۈنى سانجى پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى بىلەن تاشقى سودا شىركىتى مەبلەغ چىقىرىپ، سانجى پاختا توقۇمىچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قۇردى؛ 12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، توقۇمىچىلىق سانائىتى نازارىتىغا بىۋاسىتە قاراشلىق «غەربىي دىيار» يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، شىنجاڭ 2 - يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، شىنجاڭ 3 - يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى بىرلىشىپ شىنجاڭ «تيەنچۇەن» يۇڭ توقۇمىچىلىق گۇرۇھى قۇردى.

ۋۇ شياۋپىڭ

# تاماكىچىلىق كەسپى

## تاماكىچىلىق كەسپىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ تاماكىچىلىق سانائىتىنىڭ سودا - سانائەت باج - پايدىسى 235 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سودا - سانائەت پايدىسى 44 مىليون 300 مىڭ يۈەن بولدى. سانائەتتە 115 مىڭ يەشىك پاپىروس ئىشلەپچىقىرىلدى، سودىدا 290 مىڭ يەشىك پاپىروس سېتىلدى. 2333.33 گېكتار يەرگە كۆك تاماكا تېرىلدى. 2900 توننا كۆك تاماكا سېتىۋېلىندى، ئېكسپورت قىلىش ئارقىلىق 7 مىليون 700 مىڭ دوللار تاشقى پېرېۋوت يارىتىلدى؛ 47 مىڭ يەشىك شتوتىسىرىن، 81.5 توننا ئالىيۇمىن قەغەز ئىشلەپچىقىرىلدى. قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 3751 ى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىندى. تۈرلۈك پاپىروس (يالغان، ساختا، ئەتكەس تاماكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دىن 33 مىڭى قولغا چۈشۈرۈلدى، 11 مىليون 952 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇلدى، مۇسادىرە قىلىندى.

1999 - يىلى شىنجاڭ تاماكا شىركىتى شىنجاڭ پاپىروس زاۋۇتىنىڭ بارلىق ساپ مۈلكىنى «گېنېرال» تاماكا گۇرۇھىغا قوشۇپ، «گېنېرال» گۇرۇھىنىڭ پايچىكى بولۇپ قالدى.

لى شياڭ

## كۆك تاماكا ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ كۆك تاماكا ئىشلەپچىقىرىشىدا، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىشنىڭ مۇناسىۋىتى يەنىمۇ راۋانلاشتۇرۇلدى، ھالقىلارنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى، پاپىروس ئىشلەيدىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە تاماكىچى دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقى قوزغىتىلدى. 1999 - يىلى 2333.3 گېكتار يەرگە كۆك تاماكا تېرىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە قۇرۇتۇلىدىغان تاماكا 266.6 گېكتار، خۇشپۇراقلىق تاماكا 2066.7 گېكتار. 2900 توننا كۆك تاماكا سېتىۋېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە قۇرۇتۇلغان تاماكا 500 توننا، خۇشپۇراقلىق تاماكا 2400 توننا، 3450 توننا كۆك تاماكا سېتىلدى. 3 مىليون 100 مىڭ يۈەن پايدا يارىتىلدى.

لى شياڭ

## سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

1999 - يىلى شىنجاڭ پاپىروس زاۋۇتى ئىچكى قىسمىدىكى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سۈرۈپ، يېڭى مەھسۇلاتلارنى يارىتىش ۋە كونا مەھسۇلاتلارنى ئۆزگەرتىشنى چىڭ تۇتۇپ، 115 مىڭ يەشىك پاپىروس ئىشلەپچىقىرىپ، پايدا - باجنى 162 مىليون يۈەنگە يەتكۈزدى. بۇنىڭ ئىچىدە، پايدا 3 مىليون 80 مىڭ يۈەن بولدى. پاپىروسنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %99.5 كە يەتتى. تاق يەشىككە 40.7 كىلوگرام كۆك تاماكا، 3435 مېتىر قەغەز، 8690 دانە شتوتىسىرىن كەتتى. پاپىروسنىڭ سۈپىتى كۆرۈنەرلىك ئۆستى. 1999 - يىلى شىنجاڭ پاپىروس زاۋۇتى شىنجاڭنى ئاساس قىلىپ، ئاپتونوم رايون سىرتىدا ۋە خەلقئارادا پائال بازار ئېچىپ، مەملىكەتلىك سودا يەرمەنكىسىدە يەرلىكتە ئىشلەپچىقىرىلغان پاپىروس بولماسلىق ھالىتىنى تۇنجى قېتىم بۇزۇپ تاشلاپ، ئاپتونوم رايون سىرتىدىكىلەرنى 760 يەشىك يەرلىك پاپىروس بىلەن تەمىنلەش توختامى ئىمزالىدى.

لى شياڭ

## مونوپول تىجارەتنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون ئەتكەسچىلىككە زەربە بېرىش، بازارنى تەرتىپكە سېلىش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان پاپىروسنى ئەركىن، توپ سېتىش بازارلىرىنى ئېنىقلاش، تەرتىپكە سېلىش ۋە «ئۈچ خىل پاپىروس» قا (يەنى يالغان، ساختا پاپىروس ماركىسى ياساپ سېتىشقا، ئەتكەسچىلىك قىلىشقا، پاپىروسلارنى گۇۋاھنامىسىز توشۇپ سېتىشقا) زەربە بېرىش پائالىيىتىنى مەركەزلىك ھالدا قانات يايدۇردى. «ئاپتونوم رايوننىڭ تاماكا مونوپول تىجارىتىنى باشقۇرۇشقا ئائىت بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» ۋە «پاپىروسلارغا ساختىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش بەلگىسى چاپلاشنى يولغا قويۇش چارىسى» قاتارلىق ھۆججەتلەرنى تارقىتىپ، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك تاماكا مونوپول تىجارىتىنى باشقۇرۇش خادىملىرىنى كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەشنى كۈچەيتتى. 1999 - يىلى قانۇنغا خىلاپ تۈرلۈك دېلودىن 3751 ى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىندى، تۈرلۈك پاپىروس (ساختا، يالغان، ئەتكەس پاپىروس) تىن 33 مىڭ يەشىكنى ئېنىقلاپ قولغا چۈشۈردى، 11 مىليون 952 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇلدى، مۇسادىرە قىلىندى.

لى شياڭ

## پاپىروسنىڭ سېتىلىش ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ پاپىروس سودىسى ئاپتونوم رايون ئىچى - سىرتىدىكى پاپىروس بازارلىرى كاساتلىشىش، باھا تۆۋەنلەپ كېتىشتەك پايدىسىز ۋەزىيەتكە دۇچ كەلدى. بۇنىڭ بىلەن، تۈزۈم قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى ۋە ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەش سالمىقى ئاشۇرۇلدى. ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، «شىنجاڭنىڭ پاپىروس سېتىشنى

# قاتناش، پوچتا - تېلېگراف

## تۆمۈريول

### ئومۇمىي ئەھۋالى

1999 - يىلى ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى يېڭىدىن ئۈرۈمچى — لىيۇيۈەن، ئۈرۈمچى — ئالاتاۋ پورتى ساياھەت پويىزىنى ۋە ئۈرۈمچى — جىنەن، ئۈرۈمچى — ئاقسۇ يولۇچىلار پويىزىنى كۆپەيتتى، باشقۇرۇش دائىرىسىدىكى ئاستا پويىزنى توختاتتى. بىر يىلدا توشۇلغان يۈك 32 مىليون 11 مىڭ توننىغا، توشۇلغان يولۇچى 8 مىليون 659 مىڭغا، مۇندۇرۇپ ھېسابلانغان ئوبوروت مىقدارى 36 مىليارد 440 مىليون توننا - كىلومېتىرغا، ئالاتاۋ پورتىدىن ئۆتكۈزۈلگەن مال 3 مىليون 543 مىڭ توننىغا، ھەربىي ئىشلار ترانسپورتىنىڭ ئورۇندىلىشى %96كە يەتتى. لەنجۇ — شىنجاڭ لىنىيىسىنىڭ ترانسپورت كىرىمى 3 مىليارد 740 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %37. 14 ئاشتى، لەنجۇ - شىنجاڭ لىنىيىسىدە ئورۇندالغان ترانسپورتتىن ئېلىنغان پايدا 401 مىليون يۈەنگە، سانائەت قوشۇمچە كەسىپ كىرىمى 14 مىليون يۈەنگە يەتتى؛ جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ زىيىنى 139 مىليون يۈەن ئىچىدە تىزگىنلەندى، لەنجۇ — شىنجاڭ تۆمۈريولى غەربىي بۆلىكىنىڭ ترانسپورت كىرىمى 538 مىليون يۈەنگە يېتىپ، كىرىم - چىقىم تەڭپۇڭلاشتى؛ ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى بويىچە ترانسپورت، سانائەت قوشۇمچە كەسىپ، كۆپ خىل ئىگىلىك بىر گەۋدە قىلىنغان ئىگىلىك كىرىمى 328 مىليون يۈەنگە يەتتى. ترانسپورت كەسپى بويىچە ئومۇمىي خادىملارنىڭ مۇندۇرۇپ ھېسابلانغان يىللىق ئوتتۇرىچە ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 1 مىليون 160 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا يەتتى؛ ترانسپورت كىرىمى بويىچە ھېسابلىغاندا، شۇ يىللىق ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 125 مىڭ 339 يۈەنگە يېتىپ، %47. 24، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 15 مىڭ 987 يۈەنگە يېتىپ، %23. 8 ئاشتى. ئاساسىي قۇرۇلۇشقا 1 مىليارد 744 مىليون يۈەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش ئۈچۈن 540 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى بويىچە كۆپ خىل ئىگىلىك كارخانىلىرىنىڭ سېتىش كىرىمى 584 مىليون يۈەنگە، پايدىسى 52 مىليون يۈەنگە يەتتى. كوللېكتىپ ئىگىلىك مستبمسىنىڭ يىللىق

---

باشقۇرۇش چارىسى»، «ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى پاپىروس تىجارىتىنى باشقۇرۇش چارىسى» تۈزۈلدى ۋە تارقىتىلدى. ئاپتونوم رايون ئىچى - سىرتىدىكى پاپىروس بازارلىرىنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن، پاپىروس سېتىۋېلىش پىلانى ۋە پاپىروس سېتىۋېلىش ماركا نومۇرلىرى دەل ۋاقتىدا تەڭشىلىپ، ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى 4 -، 5 - خىل پاپىروسنى سېتىۋېلىش قاتتىق تىزگىنلىنىپ، ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى پاپىروس بازارلىرىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىم بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى. يەرلىكتە ئىشلەپچىقىرىلغان «قىزىل قار لەيلىسى» ماركىلىق پاپىروسنى ئۈرۈمچى تاماكا شۆبە شىركىتى سېتىشنى پۈتۈنلەي ھۆددىگە ئالدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يەرلىكتە ئىشلەپچىقىرىلغان پاپىروسنى مۇكاپاتلىق سېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە پاپىروس سېتىش تۈرلىرى قۇرۇش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى. تۇرپان، كورلا تاماكا شۆبە شىركەتلىرى ئاقسۇ ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىرىدە پاينى ئۆزى تىزگىنلەيدىغان چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قۇردى، شەھەرلەردىكى پاپىروس مونوپوللۇق سېتىش دۇكانلىرىنىڭ بازاردىكى ھەسسىسى، مۇلازىمىتى، ئوبرازى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈلدى. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 290 مىڭ يەشىك پاپىروس سېتىلىپ، 41 مىليون 220 مىڭ يۈەن پايدا ئېلىندى.

لى شياڭ

### تاشقى سودا ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون 4400 توننا كۆك تاماكا، 60 توننا تاماكا قەلەمچىسى، نېپىز ياپراقچە، كۆپتۈرۈلگەن ئىنچىكە تالا، 4 يۈرۈش تاماكا ماشىنا - ئۈسكۈنىسى، 10 مىڭ دانە قەغەز يەشىك، 5 مىليون پارچە پاپىروس بەلگىسى ئېكسپورت قىلدى، ئېكسپورت ئارقىلىق 7 مىليون 700 مىڭ دوللار تاشقى پېرېۋوت ياراتتى، 3 مىليون 500 مىڭ يۈەن پايدا ئالدى.

لى شياڭ

مەھسۇلات قىممىتى 360 مىليون يۈەنگە، پايدىسى 13 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئىش كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان پاشلاردىن 803 كىشى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 34 مىڭ 963 ئىشچى - خىزمەتچى قېلىپلاشتۇرۇپ تەربىيىلەندى، 1999 - يىل 12 - ئاينىڭ 12 - كۈنى سائەت 18 كىچە 1400 كۈن چوڭ ھادىسە سادىر قىلمىدى. 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگىچە، تۆمۈريول ئىدارىسى قۇرۇلغاندىن بۇيان ئۇدا 28 ئاي مەسئۇلىيەتسىزلىك تۈپەيلىدىن ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۆلۈش ھادىسىسى يۈز بەرمەسلىك تۈنجى قېتىم ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

1999 - يىلى ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ ئىگىلىك تىكلىگەنلىكى ئاساسىي تېما قىلىنغان تېلېۋىزىيە مەخسۇس فىلىمى «بوران ناخشىسى» مەملىكەت بويىچە «بەش بىر قۇرۇلۇشى» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

لى شياۋۋېن

## جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولى غەربىي بۆلىكىنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالى

1999 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ غەربىي بۆلىكى قۇرۇلۇشىغا 1 مىليارد 410 مىليون يۈەن خەلق پۇلى مەبلەغ سېلىندى. 1999 - يىلى 159.284 كىلومېتىر رېلىس ياتقۇزۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي لىنىيىگە ياتقۇزۇلغىنى 140.7 كىلومېتىر، ۋوگزال لىنىيىسىگە ياتقۇزۇلغىنى 18.584 كىلومېتىر. بۇ بۆلەكنىڭ يول ئۈلى قۇرۇلۇشىدا تۇپا - تاش قۇرۇلۇشى 486 مىڭ 100 كۇب مېتىر ئورۇندالدى. 507 مىڭ كۇب مېتىر شېغىل ياتقۇزۇلدى. 210 مىڭ 70 كۋادرات مېتىر ئۆي سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش ئۆيى 71 مىڭ 600 كۋادرات مېتىر، تۇرمۇش ئۆيى 138 مىڭ 470 كۋادرات مېتىر. 507.87 كىلومېتىر ئالاقىلىشىش غول كابېلى، 137.61 كىلومېتىر توك سىمى، 51.223 كىلومېتىر ئېلېكتر كابېلى تارتىلدى. 55.827 كىلومېتىر سۇ بىلەن تەمىنلەش تۇرۇبىسى، 32.737 كىلومېتىر ئۈزۈنلۈكتا يۇندا تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلدى.

جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ كورلىنىڭ غەربىدىن قەشقەرگىچە بولغان بۆلىكىدە 1996 - يىل 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئىش باشلانغاندىن تارتىپ 1999 - يىل 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە 5 مىليارد 210 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇ پىلاندىكى سېلىنىدىغان مەبلەغنىڭ 82.54%نى ئىگىلەيدۇ. بۇ بۆلەكنىڭ يول ئۈلى قۇرۇلۇشىدا تۇپا - تاش قۇرۇلۇشى 42 مىليون 214 مىڭ 100 كۇب مېتىر ئورۇندالدى. 13 مىڭ 911.48 مېتىر چوڭ، ئوتتۇراھال كۆۋرۈك 7738.52 مېتىر كىچىك كۆۋرۈك سېلىندى، تونېلىغا 30 مىڭ 811.09 مېتىر سۇ ئۆتكۈزگۈچ ياسالدى. 1047 كىلومېتىر ئالاقىلىشىش غول كابېلى، 169.327 كىلومېتىر توك سىمى تارتىلدى. بۇ ئومۇمىي مىقدارنىڭ 100.3%نى ئىگىلەيدۇ. 51.223 كىلومېتىر توك سىمى تارتىلدى، بۇ ئومۇمىي مىقدارنىڭ 80%نى ئىگىلەيدۇ. 1044.916 كىلومېتىر رېلىس ياتقۇزۇلدى، بۇ ئومۇمىي مىقدارنىڭ 100.3%نى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە غول لىنىيىگە ياتقۇزۇلغان رېلىس 967.219 كىلومېتىر بولۇپ، 100.2%نى، ۋوگزال لىنىيىسىگە ياتقۇزۇلغان رېلىس 77.697 كىلومېتىر بولۇپ، 101.6%نى ئىگىلەيدۇ. ياتقۇزۇلغان شېغىل 1 مىليون 759 مىڭ كۇب مېتىر بولۇپ، ئومۇمىي مىقدارنىڭ 108.4%نى ئىگىلەيدۇ. پۈتكۈزۈلگەن ئۆي 289 مىڭ 60 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئومۇمىي مىقدارنىڭ 75.9%نى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان ئۆي 124 مىڭ 200 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئومۇمىي مىقدارنىڭ 75%نى، تۇرمۇشقا ئىشلىتىلىدىغان ئۆي 164 مىڭ 860 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 76.6%نى ئىگىلەيدۇ. ياتقۇزۇلغان سۇ بىلەن تەمىنلەش تۇرۇبىسى 68.216 كىلومېتىر بولۇپ، ئومۇمىي مىقدارنىڭ 115.7%نى، يۇندا چىقىرىۋېتىش تۇرۇبىسى 44.572 كىلومېتىر بولۇپ، 129.4%نى ئىگىلەيدۇ.

1999 - يىل 5 - ئاينىڭ 6 - كۈنى جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولىدا پۈتۈن لىنىيە بويىچە رېلىس ياتقۇزۇلۇپ بولدى. 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە دۆلەت تۆمۈر يول مىنىستىرلىكى سۈپەت نازارەتچىلىكى باش پونكىتى ئۈرۈمچى سۈپەت نازارەتچىلىكى پونكىتى ئاقسۇ - قەشقەر بۆلىكى قۇرۇلۇشىنى تەكشۈرۈپ، ئومۇمىي گەۋدە قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپىتى ياخشى، ترانسپورتنى يولغا قويۇش تەلىپىگە ئۇيغۇن دەپ ھېسابلىدى. 11 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئاقسۇ - قەشقەر بۆلىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ئاساسىي جەھەتتىن پۈتتى، كۆپ قىسىم تۇرمۇش مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشلىرى پۈتۈپ، سۇ، پار، توك، يول راۋان بولۇش، مەيدان تۈزلىنىش تەلىپى ئىشقا ئاشتى. 12 - ئاينىڭ 6 - كۈنى جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولىدا پۈتۈن لىنىيە بويىچە قاتناش باشلاندى.

12 - ئاينىڭ 6 - كۈنى تۆمۈريول مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى سەي چىڭخۇا قەشقەردە جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولىدا پۈتۈن لىنىيە بويىچە قاتناش باشلانغانلىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باشلىقى

لى پېڭ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت، دۆلەت كومىسسارى ئىسمايىل ئەھمەت، تۆمۈريول مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى فۇ جىخۇەن، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۇەنلەر بىرلىكتە تۇنجى قاتنىغان پويىز ئۈچۈن لېنتا كەستى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت، تۆمۈريول مىنىستىرلىكى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى رېن شىكۈي، جۇڭخۇا مەملىكەتلىك تۆمۈريول باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى خۇاڭ سىجۇەن ۋە گوۋۇيۈەننىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى مۇراسىمغا قاتناشتى.

لى شياۋۋېن

## ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ 1999 - يىللىق ئاساسلىق ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلىرىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى

| تۈرى | بىرلىكى | ئورۇندالغىنى | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى كەملىكىنى % |
|---|---|---|---|
| سۈندۈرۈپ ھېسابلانغان ئوبوروت مىقدارى | 100 مىليون توننا - كىلومېتىر | 364.4 | 12.6 |
| يولۇچى ئوبوروت مىقدارى | 100 مىليون ئادەم - كىلومېتىر | 77.6 | 6 |
| يۈك ئوبوروت مىقدارى | 100 مىليون توننا - كىلومېتىر | 282.5 | 13.8 |
| توشۇلغان يولۇچى | تۈمەن ئادەم | 865.9 | 11.5 |
| توشۇلغان يۈك | تۈمەن توننا | 3201.1 | 9.8 |
| كۈنىگە ئوتتۇرىچە يۈك قاچىلانغان ۋاگون | دانە | 1689 | 10.3 |
| كۈنىگە ئوتتۇرىچە ئىشلىتىلگەن ۋاگون | دانە | 10119 | 30 |
| يۈك ۋاگونلىرىنىڭ ئوبوروت ۋاقتى | كۈن | 4.68 | 0.8 كۈن |
| يۈك پويىزلىرىنىڭ كۈندىلىك ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى | تۈمەن توننا - كىلومېتىر | 108.8 | 1.3 |
| يۈك پويىزلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە سۆرەش ئومۇمىي ئېغىرلىقى | توننا | 2266 | -0.1 |
| پويىزنىڭ تۈمەن توننا يۈك بىلەن بىر كىلومېتىر يۈرۈشكە كەتكەن ماي | كىلوگرام | 30.6 | -0.03 |
| ترانسپورت كىرىمى | تۈمەن يۈەن | 374478 | 14.7 |
| ترانسپورت ئومۇمىي خادىملىرىنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى | يىلىغا تۈمەن توننا - كىلومېتىر / ئادەم | 116 | 25.4 |
| يولۇچى پويىزلىرىنىڭ ۋاقتىدا يولغا چىقىش نىسبىتى | % | 99.8 | 0.2 پىرسەنت پوئېنتى |
| يولۇچى پويىزلىرىنىڭ ۋاقتىدا يېتىپ بېرىش - كېلىش نىسبىتى | % | 99.8 | 0.7 پىرسەنت پوئېنتى |
| يۈك پويىزلىرىنىڭ ۋاقتىدا يولغا چىقىش نىسبىتى | % | 99.1 | تەڭلەشتى |
| يۈك پويىزلىرىنىڭ ۋاقتىدا يېتىپ بېرىش - كېلىش نىسبىتى | % | 97.1 | 0.4 - پىرسەنت پوئېنتى |
| ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ | تۈمەن يۈەن | 174383 | -34.1 |
| يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش ئۈچۈن سېلىنغان مەبلەغ | تۈمەن يۈەن | 54393 | 9.8 |

## ئاقسۇ - ئۈرۈمچى يولۇچىلار پويىزى قەشقەرگىچە قاتنىدى

1999 - يىل 12 - ئاينىڭ 6 - كۈنى يېڭى پويىز قاتناش ھەرىتىسىگە ئاساسەن ئۈرۈمچى ۋوگزالىدىن قەشقەرگە، قەشقەر ۋوگزالىدىن ئۈرۈمچىگە قاراپ تۇنجى قېتىم پويىز قاتنىدى. ئەسلىدە ئۈرۈمچى - ئاقسۇ ئارىلىقىدا قاتناۋاتقان 606/607 (608/605) قېتىملىق يولۇچىلار پويىزى قەشقەرگىچە قاتنايدىغان بولدى، (607) 606 قېتىملىق پويىز ئۈرۈمچى ۋوگزالىدىن سائەت 15 تىن 10 مىنۇت ئۆتكەندە قوزغىلىپ، قەشقەرگە ئەتىسى سائەت 20 دىن 55 مىنۇت ئۆتكەندە يېتىپ باردى، (605) 608 قېتىملىق يولۇچىلار پويىزى قەشقەر ۋوگزالىدىن سائەت 23 تىن 58 مىنۇت ئۆتكەندە يولغا چىقىپ، ئۈرۈمچى ۋوگزالىغا 3 - كۈنى سائەت 7 دىن 14 مىنۇت ئۆتكەندە يېتىپ كەلدى.

لى شياۋۋېن

## ئۈرۈمچى — جىنەن ئارىلىقىدا ئالاھىدە تېز يولۇچىلار پويىزى قاتنىدى

1999 - يىل 5 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ئۈرۈمچى - جىنەن 190/189 قېتىملىق ئالاھىدە تېز يولۇچىلار پويىزى قاتنىدى. پويىز شىنجاڭ، گەنسۇ، شەنشى، خېنەن، ئەنخۇي، جياڭسۇ، سەندۇڭدىن ئىبارەت 7 ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننى بېسىپ ئۆتىدۇ. ئومۇمىي مۇساپىنى 68 سائەتتە بېسىپ بولىدۇ، ئازكەم 50 بېكەتتە توختاپ، جىنەنگە يېتىپ بارىدۇ.

لى شياۋۋېن

## كورلا — ليەنيۈنگاڭ ئالاھىدە تېز يولۇچىلار پويىزى قاتنىدى

كورلا — ليەنيۈنگاڭ ئوتتۇرىسىدا قاتنايدىغان تۇنجى ئالاھىدە تېز يولۇچىلار پويىزى 1999 - يىل 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى كورلا ۋوگزالىدىن يولغا چىقتى. ئۇ ئۈرۈمچى — جىنەن ئالاھىدە تېز يولۇچىلار پويىزى بىلەن كۈن ئاتلاپ نۆۋەتلىشىپ قاتنىدى. كورلا — ليەنيۈنگاڭ 190/191 (192/189) قېتىملىق ئالاھىدە تېز يولۇچىلار پويىزى ئومۇمىي مۇساپىنى 75 سائەت 09 مىنۇتتا بېسىپ بولىدۇ. شىنجاڭ، گەنسۇ، شەنشى، خېنەن، ئەنخۇي، جياڭسۇدىن ئىبارەت 6 ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننى بېسىپ ئۆتۈپ، يولدا 50 بېكەتتە توختاپ، سېرىق دېڭىز ساھىلىدىكى ليەنيۈنگاڭغا يېتىپ بارىدۇ، ئۇ ئاسىيا - ياۋروپا 2 - قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىنىڭ يولۇچى توشۇش كەسپىنى تۇتاشتۇردى.

لى شياۋۋېن

## ئالاتاۋ ئېغىزى بىلەن ئۈرۈمچى ئارىلىقىدا قوش قەۋەتلىك ھەشەمەتلىك يولۇچىلار پويىزى قاتنىدى

ئالاتاۋ ئېغىزى بىلەن ئۈرۈمچى ئارىلىقىدا قاتنايدىغان قوش قەۋەتلىك ھەشەمەتلىك تۇنجى يولۇچىلار پويىزى 1999 - يىل 4 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئالاتاۋ ئېغىزى ۋوگزالىدىن يولغا چىقتى، بۇ پويىزنىڭ ۋاگونلىرىغا پۈتۈنلەي ھاۋا تەڭشىگۈچ، ئېلېكترونلۇق كۆرسەتكۈچ ئېكران ئورنىتىلغان. سۇنىي ھەمراھ ئارقىلىق ئاپتوماتىك ئورۇن بەلگىلەش تېخنىكىسى قوللىنىلغان. ئالدىدىكى بېكەتنى، بېكەتكە كىرىش ۋاقتىنى، پويىز سۈرئىتىنى، ۋاگون ئىچى - سىرتىنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى ئاپتوماتىك ھالدا ئالدىن مەلۇم قىلىپ تۇرالايدۇ. بۇ پويىز كۈندە قاتنايدۇ. ئۈرۈمچى ۋوگزالىدىن سائەت 9 دىن 32 مىنۇت ئۆتكەندە يولغا چىقىپ، ئالاتاۋ ئېغىزى ۋوگزالىغا شۇ كۈنى سائەت 17 دىن 47 مىنۇت ئۆتكەندە يېتىپ بارىدۇ؛ ئالاتاۋ ئېغىزى ۋوگزالىدىن سائەت 22 دىن 27 مىنۇت ئۆتكەندە يولغا چىقىپ، ئەتىسى ئەتىگەن سائەت 8 دىن 53 مىنۇت ئۆتكەندە ئۈرۈمچى ۋوگزالىغا يېتىپ كېلىدۇ.

لى شياۋۋېن

## كورلا - ئۈرۈمچى «ئاققۇ» ناملىق قوش قەۋەتلىك، كارىۋاتلىق، ھاۋا تەڭشىگۈچلۈك يولۇچىلار پويىزى قاتنىدى

كورلا - ئۈرۈمچى «ئاققۇ» ناملىق تۇنجى قوش قەۋەتلىك، كارىۋاتلىق، ھاۋا تەڭشىگۈچلۈك يولۇچىلار پويىزى 1999 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى كورلا ۋوگزالىدىن يولغا چىقتى. بۇ قېتىم ئالماشتۇرۇلغان قوش قەۋەتلىك كارىۋاتلىق، ھاۋا تەڭشىگۈچلۈك پويىز دۆلەتنىڭ ئۆزى لايىھىلەپ ئەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان يۇقىرى پەن -تېخنىكا مەھسۇلاتى بولۇپ، قاتتىق سوغۇق، قاتتىق ئىسسىق، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىز رايونلاردا ئىشلىتىشكە باب كېلىدۇ. بۇ پويىز قاتتىق كارىۋاتلىق ۋاگون، يۇمشاق كارىۋاتلىق ۋاگون، كۆڭۈل ئېچىش ۋاگونى ۋە توك تارقىتىش ۋاگونى بولۇپ 13 ۋاگوندىن تەركىب تاپقان. 900 كىشىلىكتىن ئارتۇق ئورۇن بار بولۇپ، بۇرۇنقىدىن 200 كىشىلىكتىن ئارتۇق ئورۇن كۆپەيتىلدى.

لى شياۋۋېن

## جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولىدا سۈرئەت تېزلىتىلدى

1999 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولى كورلا — ئاقسۇ بۆلىكىدە پۈتۈن لىنىيە بويىچە سۈرئەت تېزلىتىلىپ، يولۇچىلار پويىزىنىڭ سائەتلىك سۈرئىتى 90 كىلومېتىرغا، يۈك پويىزىنىڭ سائەتلىك سۈرئىتى 80 كىلومېتىرغا يەتكۈزۈلدى. سۈرئەت تېزلىتىلگەندىن كېيىن، كورلا - ئاقسۇ ئارىلىقىدا قاتنايدىغان يولۇچىلار پويىزىنىڭ يول يۈرۈش ۋاقتى ئازكەم 3 سائەت قىسقاردى.

608 / 607 ـ قېتىملىق تېز پويىز كورلا ۋوگزالىدىن ئاقسۇ ۋوگزالىغا 7 سائەت 33 مىنۇتتا يېتىپ بارىدۇ.

لى شياۋۋېن

## جۇڭگو ـ قازاقىستان تۆمۈريولى ھەققىدىكى 8 ـ قېتىملىق يىغىن

جۇڭگو ـ قازاقىستان تۆمۈريولى ھەققىدىكى 8 ـ قېتىملىق يىغىن 1999 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىن 25 ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. سۆھبەتتە ئىككى تەرەپ 7 ـ قېتىملىق جۇڭگو ـ قازاقىستان تۆمۈريول يىغىنىدىن بۇيان 2 دۆلەت تۆمۈريولىنىڭ پورتتىن توشۇش مىقدارىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن قوللانغان تەدبىرلىرىدىن رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشتى. ئىككى تەرەپ 2000 ـ يىللىق پورت كارىدورى توشۇش مىقدارى پىلانىنى مۇزاكىرە قىلدى، يەنە خەتەرلىك يۈكلەرنىڭ پورتتا تۇرۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش، كېرەكسىز پولات ـ تۆمۈرلەرنى ئۇلاپ توشۇش، «جۇڭگو ـ قازاقىستان 2 دۆلەت تۆمۈريولىنىڭ تۆمۈريولغا قاراشلىق چولڭ توناژلىق يۈك ساندۇقلىرىدىن ئۆز ئارا پايدىلىنىش توغرىسىدىكى كېلىشىم»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، پاراۋۇزنى قايتۇرۇش ۋە 13/14 ـ قېتىملىق خەلقئارا يولۇچىلار پويىزىنىڭ مېڭىش ۋاقتى، پويىز ۋاگونلىرىنى گۈرۈپپىلاشتۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆھبەتلەشتى ھەمدە بىردەك پىكىرگە كەلدى. جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تيې جۈنلىن، قازاقىستان ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى، قازاقىستان تۆمۈريول شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى تاراسېبكوۋلار ئۆز دۆلىتىگە ۋاكالىتەن تۆمۈريول يىغىنى خاتىرىسىگە ئىمزا قويدى.

لى شياۋۋېن

## جۇڭگو ـ قازاقىستان خەلقئارا بىرلەشمە ترانسپورت ۋە پورت ترانسپورتى توغرىسىدا سۆھبەت ئۆتكۈزدى

ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، مۇئاۋىن باش دىرېكتور تاراسېبكوۋ ئۆمەك باشلىقلىقىدىكى قازاقىستان تۆمۈريول شىركىتى ۋەكىللەر ئۆمىكى 1999 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىن 8 ـ كۈنىگىچە مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى تيې جۈنلىن ئۆمەك باشلىقلىقىدىكى ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن جۇڭگو ئالاتاۋ ئېغىزى ۋوگزالى ۋە قازاقىستان دروۋژبا ۋوگزالىدا خىزمەت سۆھبىتى ئۆتكۈزدى. ئىككى تەرەپ 1999 ـ يىل 1 ـ ئايدىن 5 ـ ئايغىچە ئالاتاۋ ئېغىزى بىلەن دوروۋژبا ئوتتۇرىسىدىكى يۈك توشۇلۇش ئەھۋالىنى خۇلاسىلىدى. ئالاتاۋ ئېغىزى ـ دروۋژبا خەلقئارا تۆمۈريول بىرلەشمە يۈك ترانسپورتىنى كېڭەيتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئىككى تەرەپ 1999 ـ يىلى پورت ترانسپورت پىلانىنى تەڭشەپ قازاقىستاندىن جۇڭگوغا يەتكۈزۈلىدىغان يۈك مىقدارىنى 4 مىليون توننىغا يەتكۈزۈش، جۇڭگودىن قازاقىستانغا توشۇلىدىغان يۈك مىقدارى پىلانىنى ئۆزگەرتمەسلىككە قوشۇلدى. پورتنىڭ 4 مىليون توننا يۈك ئۆتكۈزۈش ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، ئىككى تەرەپ «جۇڭگو ـ قازاقىستان دۆلەت چېگرىسى تۆمۈريول كېلىشىمنامىسى»نىڭ قوشۇمچە 3 ـ ھۆججىتىدىكى ئالاتاۋ ئېغىزى ـ دروۋژبا رايونى ئارىلىقىدىكى كەلگۈ رېيسلىق پويىزنىڭ مېڭىش ۋاقىت جەدۋىلىنى ئەسلىدىكى 4 جۈپ پويىزدىن 5 جۈپ پويىزغا تەڭشەشكە، يېڭى ۋاقىت جەدۋىلىنى 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئىجرا قىلىشقا قوشۇلدى. قازاقىستان تەرەپ دروۋژبا ـ ئالاتاۋ ئېغىزى ئوتتۇرىسىدىكى ترانسپورتقا ئىشلىتىش ئۈچۈن يېتەرلىك پاراۋۇز سەپلەشكە ھەمدە ۋاگونلارنىڭ نورمال چېتىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئالاتاۋ ئېغىزى ۋوگزالىغا 2 ئىسمىنا مەشغۇلات خادىمى ئورۇنلاشتۇرۇشقا قوشۇلدى. ئىككى تەرەپ قەتئىي تۈردە بىرلىكتە پويىزنى بەلگىلىگەن يېڭى ۋاقىت جەدۋىلى بويىچە ماڭغۇزدى. پورتنىڭ توشۇش مىقدارىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، ئالاتاۋ ئېغىزى ۋوگزالىنىڭ كەلگۈ رېيسىدىن ھەر كۈنى 100 — 150 ۋاگون تەييار پولات ماتېرىيال توشۇلدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جۇڭگو تۆمۈريولىدا ئالماشتۇرۇپ قاچىلاش شارائىتىنى ياخشىلاش ئاساسىدا، 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ، ھەر كۈنى كەلگۈ رېيس ئارقىلىق 35 ۋاگون كېرەكسىز، كونا مېتال توشۇلدى، 2 گۇرۇپپا چاقنى ئالماشتۇرۇپ كېرەكسىز، كونا مېتاللارنى ئۆتكۈزدى (ھەربىر گۇرۇپپا 8 پويىزنىڭ چاقىنى ئالماشتۇردى). توشۇلغان يۈك ئۈرۈمچى غەربىي ۋوگزالى بىلەن ئۈرۈمچى شىمالىي ۋوگزالىغا يەتكۈزۈلدى، ئىككى تەرەپ دروۋژبا ۋوگزالىنىڭ رېيس ئۆسكۈنىلىرىدىن، جۇڭگو تۆمۈريولىنىڭ يۈكنى چۈشۈرۈۋەتكەن كەلگۈ ۋاگونلىرىدىن پايدىلىنىپ، كېرەكسىز، كونا مېتاللارنى ئالماشتۇرۇپ قاچىلاپ توشۇش مىقدارىنى كېڭەيتىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى.

لى شياۋۋېن

## تۆمۈريول سىستېمىسىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر

1999 ـ يىلى ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى «مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىچى كوللېكتىپ» دېگەن نامغا؛ ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى ئىتتىپاق كومىتېتى «مەملىكەتلىك ھەر مىللەت

باشلار ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتىدىكى ئەمۆنچى كوللېكتىپ» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

زۇلپىيە قاھار (قۇمۇل تۆمۈريول دوختۇرخانىسىنىڭ مەسئۇل ۋراچى)، سۇلاڭ شۇلىڭ (ئاپال، كورلا تولۇق ئىشلىرى ئۆچاستكىسىنىڭ باشلىقى) جۇڭخۇا مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ «1 - ماي» ئەمگەك مېدالىغا ئېرىشتى؛ ئۈرۈمچى پاراۋوز ئۇچاستكىسى سايوپا ۋوگزالى جۇڭخۇا مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ «1 - ماي» ئەمگەك تەقدىرنامىسىگە ئېرىشتى.

جاۋخۇگۇرۇ (ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى شۆبە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)، لۇخۇا (ئۈرۈمچى پويىز ئۆچاستكىسى سايوپا ۋوگزالىنىڭ باشلىقى)، تاش (ئۈرۈمچى شىمالىي ۋوگزال يۈك ساندۇق قاچىلاش شوپۇرى)، ليۇ جېنچياڭ (ليۇيۇەن پاراۋوز ئۆچاستكىسىنىڭ پاراۋوز شوپۇرى)، گو جېچياڭ (قۇمۇل پاراۋوز ئۆچاستكىسىنىڭ باشلىقى)، شى لەنشىن (قۇمۇل تۆمۈريول ج خ باشقارمىسى ساقچى ئەترىتىنىڭ ساقچىسى)، تيەن شىن (كورلا تاش قېزىش مەيدانىنىڭ باشلىقى)، گو چېڭ (كورلا پاراۋوز ئۆچاستكىسى دىزېلماتور گۇرۇپپىسىنىڭ ئىش باشقۇرغۇچىسى)، جياڭ ۋۇشياڭ (كۇيتۇڭ پويىز ئۆچاستكىسىنىڭ ۋاگون تەكشۈرگۈچىسى)، ليۇ خۇي (ئاپال، ئۈرۈمچى تۆمۈريول 1 - ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى)، ليۇ شىرۇي (ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى قۇرۇلۇش باشقارمىسى جىيۇ شىركىتىنىڭ سېلىسارى)، ليۇ لىشېڭ (شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريولى يۈك ساندۇقى بىرلەشمە ترانسپورت شىركىتىنىڭ دىرېكتورى)، ۋۇ ۋېيدۇڭ (ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى قۇرۇلۇش باشقارمىسى ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتىنىڭ تۇر دىرېكتورى)، گاۋ شياڭشېڭ (جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريول قۇرۇلۇشى قوماندانلىق شتابىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن قوماندانى) جۇڭخۇا مەملىكەتلىك تۆمۈريول باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ «پاراۋوز مېدالى»غا ئېرىشتى. پىچان پاراۋوز شۆبە ئۆچاستكىسىنىڭ يولۇچىلار پويىزى ئەترىتى، قۇمۇل ئىش ئۆچاستكىسىنىڭ قۇمۇل ئىش ئېلىش رايونى، كورلا ئاپتوموبىل ئۇچاستكىسى كورلا پويىز تەكشۈرۈش ئورنى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى قۇرۇلۇش باشقارمىسى ئېلېكتر ئىشلىرى قۇرۇلۇشى ئۆچاستكىسىنىڭ 2 - ئەترىتى جۇڭخۇا مەملىكەتلىك تۆمۈريول باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ «پاراۋوز لوڭقىسى» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ئالاتاۋ ئېغىزى ۋوگزالىغا جۇڭخۇا مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، مەملىكەتلىك ئىشچى - خىزمەتچىلەر كەسپىي ئەخلاق قۇرۇلۇشى ماسلاشتۇرۇش گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئەخلاقىدىكى ئىلغار ئىسپىنا (گۇرۇپپا)» دېپ نام بېرىلدى؛ كورلا قۇرۇلۇش ئۆچاستكىسىغا دۆلەت تۆمۈريول مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش، ئاساسىي كۆچەيتىشتە ئۆلچەمگە يەتكەن ئۆلگىلىك ئورۇن» دېپ نام بېرىلدى؛ كورلا ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەش ئۆچاستكىسىغا ئۆدا 9 يىل دۆلەت تۆمۈريول مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «مۇنەۋۋەر ئۆلچەملىك ئامبار» دېپ نام بېرىلدى؛ كورلا ۋوگزالى تۆمۈريول مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە تۆمۈريول سىستېمىسىدىكى مۇلازىمىتى ئەلا ۋوگزال بولۇپ باھالاندى؛ شياكۇ ۋوگزالىغا تۆمۈريول مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە تۆمۈريول سىستېمىسىدىكى ئىلغار ئوتەڭ ۋوگزال» دېپ نام بېرىلدى؛ ئۈرۈمچى غەربىي ۋوگزال دوختۇرخانىسى تۆمۈريول مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن ئەلا مۇلازىمەت + ياخشى دوختۇرخانا بولۇپ باھالاندى؛ «شىنجاڭ تۆمۈريول گېزىتى» 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەت بويىچە كارخانا گېزىتلىرىنىڭ بېيجىڭغا كىرىش تەرەققىياتىدا 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ ئۈرۈمچى تۆمۈريول ج خ باشقارمىسى چارلاش ساقچى ئەترىتىنىڭ ياش پىدائىيلار مۇلازىمەت ئەترىتىگە دۆلەت تۆمۈريول مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «تۆمۈريولدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ياش پىدائىيلار مۇلازىمەت كوللېكتىپى» دېپ نام بېرىلدى؛ قۇمۇل ئاپتوموبىل ئۆچاستكىسىنىڭ ليۇيۇەن پويىز تەكشۈرۈش ئورنىغا دۆلەت تۆمۈريول مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «تۆمۈريول بويىچە باشلار مەدەنىي بايراقدارى» دېپ نام بېرىلدى؛ ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ رېۋىزىيە باشقارمىسىغا تۆمۈريول مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە تۆمۈريول سىستېمىسىدىكى ئىلغار ئىنتىزام تەكشۈرۈش تەشكىلاتى» دېپ؛ قۇمۇل شۆبە ئىدارىسى ئاپال ئىشچى - خىزمەتچىلەر كومىتېتى، ئۈرۈمچى ۋوگزالىنىڭ يولۇچى توشۇش سېخىغا «مەملىكەت بويىچە تۆمۈريول سىستېمىسىدىكى ئىلغار ئاپال ئىشچى - خىزمەتچىلەر كوللېكتىپى» دېپ نام بېرىلدى.

ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى خەن يۈگيى، قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لى جۇنتيەن، ئۈرۈمچى تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جاڭ چېڭكۇ، شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريول شىركىتى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى جاڭ ۋەنچۈەن، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى ئىنتىزام تەكشۈرۈش رېۋىزىيە باشقارمىسىنىڭ مۇپەتتىشى دۇ گوشۇڭغا تۆمۈريول

مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە تۆمۈريول سىستېمىسىدىكى مۇنەۋۋەر ئىنتىزام تەكشۈرۈش ـ رېۋىزىيە كادىرى» دەپ نام بېرىلدى؛ كورلا ج خ شۆبە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى چېن شىنلۇنغا «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر خەلق ساقچىسى» دەپ؛ قۇمۇل ج خ باشقارمىسى پويىز ساقچى ئەترىتىنىڭ باشلىقى سۈي چىخېڭ، ئۈرۈمچى ۋوگزالى ج خ ئورنىنىڭ خەلق ساقچىسى چېڭ خۇڭبىنغا مەملىكەت بويىچە تۆمۈريول سىستېمىسىدىكى «مۇنەۋۋەر خەلق ساقچىسى» دەپ؛ ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى پەن تەتقىقات ئورنىدىكى ۋاڭ رۇگاڭغا تۆمۈريول مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «تۆمۈريول سىستېمىسىدىكى ياش پەن ـ تېخنىكا ئۈلگىسى» دەپ؛ ئۈرۈمچى پاراۋوز ئۇچاستكىسىنىڭ پاراۋوز شوپۇرى مى فۇگاڭ، ليۇ يۈەن پاراۋوز ئىشلىرى ئۇچاستكىسىنىڭ پاراۋوز شوپۇرى مى باۋشىن، قۇمۇل پاراۋوز ئىشلىرى ئۇچاستكىسىنىڭ پاراۋوز شوپۇرى لى يەنجۇنگە تۆمۈريول مىنىستىرلىكى، مەملىكەتلىك تۆمۈريول باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە تۆمۈريول سىستېمىسىدىكى «بىخەتەر شوپۇرلار ئۈلگىسى» دەپ؛ ئۈرۈمچى ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى ئۇچاستكىسىدىن جاڭ مىڭغا تۆمۈريول مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «تۆمۈريول سىستېمىسىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ياش ئىش ئورنى ماھىرى» دەپ، ئۈرۈمچى تۆمۈريول 1 ـ ئوتتۇرا مەكتىپىدىن لياڭ شېڭجۇنگە تۆمۈريول مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «تۆمۈريول سىستېمىسىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ياش پېداگوگ» دەپ نام بېرىلدى. كورلا ئېلېكتر ئىشلىرى ئۇچاستكىسىدىكى ئىشچى تېخنىك سۇڭ شۇلىڭ «مەملىكەتلىك ئىلغار ئايال خىزمەتچى» دېگەن نامغا؛ ليۇ يۈەن پاراۋوز ئىشلىرى ئۇچاستكىسىنىڭ شوپۇرى ليۇ جىنچياڭ ۋە قۇمۇل ئاپتوموبىل ئۇچاستكىسىنىڭ ئايال ئىشچىسى ۋاڭ گۈيىڭنىڭ ئائىلىسى «مەملىكەت بويىچە مەدەنىي ئائىلە» دېگەن نامغا؛ قۇمۇل ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى ئۇچاستكىسىدىن چېن شۈيۈن، ئالاتاۋ ئېغىزى ۋوگزالىدىن ۋېي گۈيىيۈن، كورلا ۋوگزالىدىن ليۇ شۈچىن، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ قۇرۇلۇش باشقارمىسىدىن جيا تيەنلى «مەملىكەت بويىچە تۆمۈريول سىستېمىسىدىكى ئىلغار ئايال ئىشچى ـ خىزمەتچى» دېگەن نامغا؛ ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ما شياۋيىڭ «مەملىكەت بويىچە تۆمۈريول سىستېمىسىدىكى ئىلغار ئايال خىزمەتچىلەر خىزمىتى خىزمەتچىسى» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

لى شياۋۋېن

## ئۈرۈمچى ۋوگزالى «مەدەنىي ۋوگزال» دېگەن نامغا ئېرىشتى

1999 ـ يىلى تۆمۈريول مىنىستىرلىكىنىڭ مەملىكەت بويىچە تۆمۈريول سىستېمىسىدىكى يولۇچى توشۇش چوڭ ۋوگزاللىرى بويىچە يولۇچى توشۇش خىزمىتى مۇسابىقىسىدىكى سېلىشتۇرۇپ باھالاشتا، ئۈرۈمچى ۋوگزالى 9 ـ قېتىم «مەدەنىي ۋوگزال» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

لى شياۋۋېن

## 70 / 69، 54 / 53 (51 / 52) ـ قېتىملىق يولۇچىلار پويىزلىرى «قىزىل بايراقدار پويىز» دېگەن نامغا ئېرىشتى

1999 ـ يىلى تۆمۈريول مىنىستىرلىكىنىڭ بېيجىڭ، شاڭخەي، گۇاڭجۇغا قاتنايدىغان يولۇچىلار پويىزىنى سېلىشتۇرۇپ باھالىشىدا، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ يولۇچى توشۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان 70 / 69 ـ قېتىملىق يولۇچىلار پويىزى 15 ـ قېتىم مەملىكەت بويىچە «قىزىل بايراقدار پويىز» دېگەن نامغا ئېرىشتى. ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ يولۇچى توشۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان 54 / 53 (51 / 52) ـ قېتىملىق يولۇچىلار پويىزى 4 ـ قېتىم مەملىكەت بويىچە تۆمۈريول سىستېمىسىدىكى «قىزىل بايراقدار پويىز» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

لى شياۋۋېن

## 8 ياشلار كوللېكتىپى «ياشلار مەدەنىي ئورنى» دېگەن نامغا ئېرىشتى

1999 ـ يىلى قۇمۇل ئىش ئۇچاستكىسىنىڭ خۇڭگۇاڭ يول ئاسراش ئىش رايونى، خېجىڭ ۋاگون ئۇچاستكىسىنىڭ يۇقىرى شىنگۇاڭ ۋوگزالى، ئالاتاۋ ئېغىزى پويىز تەكشۈرۈش ئورنى، قۇمۇل ۋاگون ئۇچاستكىسىنىڭ ليۇ يۈەن پويىز تەكشۈرۈش ئورنى ئۈرۈمچى يولۇچى توشۇش ئۇچاستكىسىنىڭ شاڭخەي 8 ـ گۇرۇپپىسى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ج خ باشقارمىسى پويىز ساقچى چوڭ ئەترىتىنىڭ بېيجىڭ شۆبە ئەترىتى، تۇرپان ۋوگزالىنىڭ 2 ـ ئىسمېنا 1 ـ بەلگىلەش گۇرۇپپىسى، كورلا يولۇچى توشۇش ئۇچاستكىسىنىڭ ساياھەت پويىزى ئەترىتىگە كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى تۆمۈريول مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «مەملىكەتلىك ياشلار مەدەنىي ئورنى» دەپ نام بېرىلدى.

لى شياۋۋېن

## تۆمۈريول مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى فۇ جىخۇەن ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ خىزمەتلىرىنى تەكشۈردى

تۆمۈريول مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى فۇجىخۇەن 1999 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ خىزمەتلىرىنى تەكشۈردى. فۇجىخۇەن ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى

ئاشلاپ ئۆتتى ھەمدە ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ خىزمەتلىرى توغرىسىدا تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

لى شياۋۋېن

## تۆمۈريول مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى ليۇ جىجۇن ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىغا كېلىپ نەق مەيداندا ئىش بېجىردى

تۆمۈريول مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى ليۇ جىجۇن 1999 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى تۆمۈر يول مىنىستىرلىكى ترانسپورت ئىدارىسى، خەلقئارا ھەمكارلىق مەھكىمىسىنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ كېلىپ لەنجۇ ـ شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ غەربىي بۆلىكى ۋە ئالاتاۋ ئېغىزى ۋوگزالىدا پورت خىزمىتىدە نەق مەيداندا ئىش بېجىرىپ، ئالاتاۋ ئېغىزىدىن مال ئۆتكۈزۈشتە ساقلىنىۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىپ ھەل قىلدى. 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ليۇ جىجۇن ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى دەلىلقان ماسقان بىلەن شىنجاڭنىڭ پاختىسىنى سىرتقا توشۇش مەسىلىسى توغرىسىدا ماسلاشتۇرۇش ھەققىدە كېڭىشىپ، مەخسۇس پاختا توشۇش ئۈچۈن ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدرىسىغا 5 ـ ئايدىن باشلاپ ھەر كۈنى 100 دانە قۇرۇق ۋاگون ئەۋەتىپ، ھەر كۈنى 260 ۋاگون پاختىنىڭ شىنجاڭدىن توشۇلۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى بەلگىلىدى. ليۇ جىجۇن يەنە ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ 1999 ـ يىللىق خىزمەتلىرى توغرىسىدا كونكرېت تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

لى شياۋۋېن

## تۆمۈريول مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى سەي چىڭخۇا ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ خىزمەتلىرىنى تەكشۈردى ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلدى

تۆمۈريول مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى سەي چىڭخۇا ۋە تۆمۈريول مىنىستىرلىكىنىڭ ئالاقىدار مەھكىمە، ئىدارە، مەركەزلىرىنىڭ مەسئۇللىرى 1999 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ يۈنچۈەن قاتارلىقلار بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريول قۇرۇلۇشى داۋامىدىكى ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا سۆھبەتلىشىپ، ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلدى ھەمدە يىغىن خاتىرىسىگە ئىمزا قويدى. ئىككى تەرەپ ۋوگزال ئۆيلىرىنىڭ سېلىنىش باھاسىنى تەڭشەشنى قارار قىلدى، تۆمۈريول مىنىستىرلىكى 70 مىليون يۈەن قوشۇمچە ياردەم بېرىشكە قوشۇلدى، ئاپتونوم رايون 10 مىليون يۈەن مەبلەغ چىقاردى، بۇ پۇلنى بىكتۇەننىڭ بىناكارلىق ـ قۇرۇلۇش 1 ـ شىسى ھۆددىگە ئېلىپ ئىشلىتىدۇ. 12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى سەي چىڭخۇا جۇڭگو ـ

قىرغىزىستان ـ ئۆزبېكىستان تۆمۈريولىدا ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

لى شياۋۋېن

## باش ئىنژېنېر خۇاماۋكۈن ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ خىزمەتلىرىنى تەكشۈردى

تۆمۈريول مىنىستىرلىكىنىڭ باش ئىنژېنېرى خۇاماۋكۈن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى 1999 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى تۆمۈريول ئۈچۈر سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

لى شياۋۋېن

## تۆمۈريول مىنىستىرلىكىنىڭ باش دىسپېتچېرى چاڭ گوجى ئالاتاۋ ئېغىزى پورتىنىڭ خىزمەتلىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى

تۆمۈريول مىنىستىرلىكىنىڭ باش دىسپېتچېرى چاڭ گوجى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى 1999 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئالاتاۋ ئېغىزى پورتىنىڭ خىزمەتلىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، پورتنىڭ ترانسپورت خىزمىتى توغرىسىدا كونكرېت تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

لى شياۋۋېن

# تاشيول

## تاشيول قۇرۇلۇشى ۋە تاشيول ئاسراش ئەھۋالى

1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايون تاشيول قۇرۇلۇشىغا 2 مىليارد 700 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى. يېڭىدىن ياسىلىدىغان ۋە داۋاملاشتۇرۇپ ياسىلىدىغان 25 تاشيول قۇرۇلۇش تۈرىنى ئورۇنلاشتۇردى، يىل ئاخىرىغا قەدەر قاغىلىق چىگرا تاشيولى قاتارلىق 5 تاشيولنىڭ سۈپىتى تەكشۈرۈپ بېكىتىشتىن ئۆتتى. 79.52 كىلومېتىر كېلىدىغان سايرام كۆلى — چىڭخوزا تاشيولى، 20.8 كىلومېتىر كېلىدىغان ئالتاي — قىزىلتاغ ئېغىزى تاشيولى، تۇرپان — ئۈرۈمچى — داخۇاڭشەن ئالىي تاشيولى پۈتۈپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى؛ ئۈرۈمچى — كۈيتۇڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولى ئاخىرقى باسقۇچقا كىردى. 1999 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭ تاشيولىنىڭ ئاپتوموبىل قاتنايدىغان مۇساپىسى 33 مىڭ 484 كىلومېتىرغا يەتتى،



1999 - يىل 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنىگىچە كەلكۈن تاشيوللارنى ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران قىلىۋەتتى. شىنجاڭ تەۋەسىدىكى 6 دۆلەت يولى ۋە نەچچە 10 ئۆلكە يولى، ئېغى ئىشلىتىلمىگەن بىر قىسىم تاشيوللاردا قاتناش ئۈزۈلۈپ قېلىپ، 350 مىليون يۈەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان بولدى.

سۈرەتتە: يول ئىشچىلىرى تاش توشۇپ توغان ياسىماقتا.

شۈي ۋېيشىڭ فوتوسى

بۇنىڭ ئىچىدە يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول 170 كىلومېتىر، 1 - دەرىجىلىك تاشيول 57 كىلومېتىر، 2 - دەرىجىلىك تاشيول 5086 كىلومېتىر، 3 - دەرىجىلىك تاشيول 12 مىڭ 248 كىلومېتىر، 4 - دەرىجىلىك تاشيول 13 مىڭ 588 كىلومېتىر، يۈزلەنگەن تاشيول 31 مىڭ 923 كىلومېتىرغا يەتتى. مەلۇماتقا قارىغاندا، قاتناش نازارىتى يېقىنقى 10 يىلدىن بۇيان بېكەت قۇرۇلۇشىغا 550 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سالغان. 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايوندىكى 15 ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە 71 ناھىيە، شەھەرنىڭ ھەممىسىدە يولۇچىلار ئاپتوبۇس بېكىتى سېلىنىپ بولغان. 1999 - يىلى — ئاپتونوم رايون دۇنيا بانكىسىدىن قەرز پۇل ئېلىپ (قالغان مەبلەغنى ئۆزى توپلايدۇ) يولنى تورلاشتۇرۇپ ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىۋاتقان 3 - يىل، يول تورىنى ئۆزگەرتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سۈپەت نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىپ، كونكرېت خىزمەت داۋامىدا نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش سالمىقىنى ئاشۇرغانلىقى ئۈچۈن، تاشيول قۇرۇلۇشىدا سۈپەتسىز قۇرۇلۇش كۆرۈلمىدى. 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە تاشيول ئاسراش تارماقلىرىدىكى تاشيول ئاسراش پونكىتى ۋە يول ئەترىتى 392گە، يول ئاسراش ئىشچىسى 15 مىڭ 724كە، ئاسرالغان مۇساپە 15 مىڭ 924 كىلومېتىرغا يەتتى. يىل ئاخىرىدا ياخشى يول نىسبىتى 61.28%كە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 8.6% ئۆستى. 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە كۆۋرۈك 3283كە، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 81 مىڭ 185 مېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئوناشسىمان ئۆتۈشمە كۆۋرۈك 12 بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 843 مېتىر، ئالاھىدە چوڭ، چوڭ كۆۋرۈك 102 بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 18 مىڭ 813 مېتىر. 1999 - يىلى ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 983 مېتىر كېلىدىغان 51 كۆۋرۈك يېڭىدىن سېلىندى.

جاڭ يىڭ

## تاشيول ترانسپورت ئىشلەپچىقىرىشى

1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە خەلق ئىشلىتىدىغان ئاپتوموبىل 350 مىڭدىن ئاشتى. بىر يىلدا تاشيولدا توشۇلغان يولۇچى 216 مىليون ئادەم (قېتىم)غا يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 6.1%. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 15 مىليارد 700 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا يېتىپ، 5%. توشۇلغان يۈك 266 مىليون تونناغا يېتىپ، 4%، يۈك ئوبوروت مىقدارى 27 مىليارد 40 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يېتىپ، 2.9% ئاشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە 22 ئۆلكىگە تاشيول تۇتاشتۇرۇلدى، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ئاتلىغان يولۇچى توشۇش لىنىيىسى 348گە، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر دائىرىسى ئىچىدىكى يولۇچى توشۇش لىنىيىسى 1792 گە يەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە 87 شەھەر، ناھىيە (شەھەر)، 849 يېزا - بازار، 159 دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانى، 8099 تەبىئىي كەنتكە ئاپتوبۇس قاتنىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئاپتوموبىل قاتنىيالايدىغان يېزا يولى 50 مىڭ كىلومېتىردىن ئاشتى.

1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بىلەن ئەتراپىتىكى دۆلەتلەر ئارىلىقىدا يولۇچى، يۈك توشۇيدىغان 47 لىنىيە ئېچىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە يولۇچى توشۇش لىنىيىسى 25، يۈك توشۇش لىنىيىسى 22.

شى جى

## ناھىيە، يېزا تاشيولى قۇرۇلۇشى

1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە

ئاپتوموبىل قاتنىغان ناھىيە، يېزا تاشيولى مۇساپىسى 14 مىڭ 89 كىلومېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئوتتۇرا دەرىجىلىك يول 13 مىڭ 385 كىلومېتىر. 1999 - يىلى 595 كىلومېتىر ناھىيە، يېزا تاشيولى يېڭىدىن ياسالدى، ئاپتونوم رايون بويىچە 849 يېزا - بازارنىڭ 6 سىگە تىپى تاشيول تۇتاشتۇرۇلمىدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى 5 يېزا ماشىنا، ئۈسكۈنە قاتارلىقلارنى سەپلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئاپتوموبىلنىڭ قاتنىشىغا ئاساسىي جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلىنىۋاتىدۇ. 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە 738 يېزا - بازارغا ئاسفالت يول تۇتاشتۇرۇلدى، بۇ ئومۇمىي يېزا - بازارلارنىڭ %87نى ئىگىلەيدۇ، ئاپتونوم رايون چۈشۈرگەن %80 يولنى ئاسفالتلاشتۇرۇپ بولۇش ۋەزىپىسى مۇددەتتىن بۇرۇن ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى.

شى جې

## يول تورىنى ئۆزگەرتىش

1999 - يىل شىنجاڭ يول تورلىرىنى ئۆزگەرتىۋاتقان 3 - يىل. بىر يىلدا 353 كىلومېتىر كونا يول يول تورى پىلانى بويىچە ئۆزگەرتىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئەسلىدىكى يول تورلىرىنىڭ تېخنىكىلىق دەرىجىسى ئۆستى.

شى جې

## تۇرپان — ئۈرۈمچى — داخۇاڭشەن ئالىي تاشيولى پۈتۈپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى

1999 - يىل 12 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئاپتونوم رايون تۇنجى قېتىم دۇنيا بانكىسىدىن 150 مىليون دوللار قەرز ئېلىپ، 3 مىليارد يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ ياسىغان تۇرپان — ئۈرۈمچى — داخۇاڭشەن ئالىي تاشيولى رەسمىي پۈتۈپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى. تۇرپان — ئۈرۈمچى — داخۇاڭشەن ئالىي تاشيولىنىڭ توپا - تاش قۇرۇلۇشى، قاتناش قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپىتى 91.2 نومۇرغا ئېرىشتى، ھەممە %97.7لىك يۇقىرى نومۇر بىلەن سۈپەتلىك قۇرۇلۇش بولۇپ باھالاندى.

لى گەنچياڭ

## ئۈرۈمچى — كۈيتۇڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولىنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالى

ئۈرۈمچى — كۈيتۇڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول تۈرىگە 1999 - يىلى 1 مىليارد 357 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، پۈتۈن لىنىيىنىڭ يول ئۇلى، كۆۋرۈك، سۇ ئۆتكۈزگۈچ قۇرۇلۇشى ۋە يول يۈزىنىڭ كۆپ قىسمى پۈتتى. پۈتكەن تۈرلۈك قۇرۇلۇشلارنىڭ سۈپىتىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %100كە، سۈپەتلىك بولۇش نىسبىتى %92.38كە يەتتى.

جاڭ پىڭ

## چەتكە ئالاقىدار ترانسپورت

1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايوندا ئەتراپتىكى دۆلەتلەرگە يولۇچى، يۈك توشۇيدىغان 47 لىنىيە ئېچىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، بىۋاسىتە بارىدىغان خەلقئارا يولۇچى ترانسپورت لىنىيىسى 25، بىۋاسىتە بارىدىغان خەلقئارا يۈك ترانسپورت لىنىيىسى 22. 1999 - يىلى جۇڭگو تەرەپ تاشيول پورتلىرىدىن ئۆتكۈزگەن يۈك 342 مىڭ 6 توننىغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 168 مىليون 947 مىڭ 964 توننا - كىلومېتىرغا؛ توشۇلغان يولۇچى 30 مىڭ 536 ئادەم (قېتىم) گە، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 12 مىليون 731 مىڭ 46 (ئادەم) كىلومېتىرغا يەتتى.

1999 - يىل 5 - ئايدا قاتناش باشلانغان جۇڭگو ئۈرۈمچى — قازاقىستان سېمىپالاتىنسكقا بىۋاسىتە بارىدىغان خەلقئارا تاشيول يولۇچى، يۈك ترانسپورت لىنىيىسى 1363 كىلومېتىر بولۇپ، ھازىر مەملىكەت بويىچە ئەتراپتىكى دۆلەتلەر بىلەن خەلقئارا تاشيول بىرلەشمە ترانسپورتى يولغا قويۇلۇۋاتقان ئەڭ ئۇزۇن لىنىيە بولۇپ قالدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە چېگرىدىن ئۆتۈپ بىۋاسىتە بارىدىغان ترانسپورت كارخانىسى 33كە يەتتى، جۇڭگو - چەت ئەل ھەمكارلىق ترانسپورت كارخانىسىدىن بىرى قۇرۇلدى.

جاڭ نەن

## شىنجاڭ 9 - ئاپتوموبىل ترانسپورت شىركىتى زىياننى تۈگىتىپ پايدا ئالىدىغان بولدى

شىنجاڭ 9 - ئاپتوموبىل ترانسپورت شىركىتى ئىچكى قىسمىدىكى باشقۇرۇشنى تازا چىڭ تۇتۇپ، قائىدە - نىزام، تۈزۈملىرىنى مۇكەممەللەشتۈردى. ۋەزىپىگە قاراپ خېيىمخەتەر مەسئۇلىيەت رەنە پۇلى تاپشۇرۇپ، زىياننى ئازايتىپ پايدىنى كۆپەيتىش مەسئۇلىيەتنامىسى ئىمزالاپ، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلىرىنى كالون، سېخ، سمېنا، گۇرۇپپا ۋە شەخسلەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈردى. مەبلەغ جۇغلاپ ئاپتوموبىللارنى يېڭىلاش، ئىچكى ئۆلكىلەردە ترانسپورت بازارلىرىنى ئېچىش، كۆپ خىل ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا يار - يۆلەك بولۇش قاتارلىق كۈچلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق، ئۇدا بىر نەچچە يىل شىركەتنىڭ زىياننى ئازايتىش كۆرسەتكۈچىنى ئورۇنداپ، كىرىمنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى. 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 9 - ترانسپورت شىركىتى زىياننى بىراقلا تۈگىتىپ، 356 مىڭ يۈەن پايدا ئالدى. قەرز نىسبىتى %91 تۆۋەنلىدى. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاش كىرىمى بىر قاتلاندى، ئىشلەپچىقىرىش ياخشى تەرەققىيات ئىزىغا چۈشتى.

جاڭ پىڭ

## بېكەت قۇرۇلۇشى

1999 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە 126 يولۇچىلار بېكىتى سېلىندى. ئاپتونوم رايون بويىچە ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك يولۇچىلار بېكەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆزگەرتىلىپ، ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇش قىيىن بولۇش، ئاپتوبۇس كۈتۈش شارائىتى ناچار بولۇش ئەھۋالى ئۈزۈل ـ كېسىل ئۆزگەرتىلدى.

1999 ـ يىل 8 ـ ئايدا پۈتتۈپ، 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئىشلىتىشكە باشلىغان ئۈرۈمچى جەنۇبىي شەھەر ئەتراپى يولۇچىلار بېكىتى نۆۋەتتە غەربىي شىمال رايونى بويىچە ئەڭ چوڭ زامانىۋى يولۇچى ئاپتوبۇس بېكىتى ھېسابلىنىدۇ، بۇ بېكەت ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ جەنۇبىي چېتىدىكى ئۇچتاشقا جايلاشقان. ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 20 مىڭ كۋادرات مېتىردىن ئاشىدۇ. ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن شەرقىي شىنجاڭدىكى 7 ۋىلايەت، ئوبلاستتىكى 76 لىنىيىدە يولۇچى توشۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان، كۈنىگە 276 ئاپتوبۇس (قېتىم) نۆۋەتچى ئاپتوبۇس ماڭىدۇ.

جاڭ پىڭ

## ئىستېلنى رۇسلاش خىزمىتى

1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ قاتناش سىستېمىسى تاشيوللاردىكى «ئۈچ قالايمىقان»نى تۈگىتىش ئۈچۈن 128 قېتىم ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، 10 قانۇنسىز بېكەت، چازىنى ئەمەلدىن قالدۇردى، تاشيوللاردىكى «ئۈچ قالايمىقان»غا دائىر 35 مەسىلىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تاشيوللاردىكى ھەق ئېلىش نۇقتىلىرىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، ترانسپورت مەمۇرىيىتىنى باشقۇرۇش بويىچە 2 لىنىيىگە جەرىمانە قويدى. 1998 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاقسۇ ۋىلايىتى قاتارلىق 11 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنىڭ دۆلەت يولى 312 ـ لىنىيىسىدىكى توگە قوتىنى ـ قورغاس قاتارلىق 7 لىنىيە، قارا يۇلغۇن تاشيول قاتناش تەكشۈرۈش پونكىتى قاتارلىق 11 تەكشۈرۈش پونكىتى قاتناش نازارىتى، ج خ نازارىتى، ھۆكۈمەت ئىستېلنى رۇسلاش ئىشخانىسى تەرىپىدىن بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش چىقىرىلىپ تاشيوللىرى ئاساسىي جەھەتتىن «ئۈچ قالايمىقان» دىن خالىي ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ئۈلگىلىك مەدەنىي ئۇچاستكا ۋە مەدەنىي تەكشۈرۈش پونكىتى (ئەترىتى) بولۇپ تەقدىرلەندى.

جاڭ پىڭ

## ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر

1999 ـ يىل 3 ـ ئايدا قۇمۇل، تارباغاتاي تاشيول باش ئۇچاستكىسى، ئالتاي يولۇچى توشۇش بېكىتى قاتناش مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە مەنىۋى مەدەنىيلىكتە ئىلغار ئورۇن ۋە ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى. 4 ـ ئايدا قاتناش مىنىستىرلىكى تېلېۋىزىيە ئوتتۇرا تېخنىكومىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى قاتناش مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن» بولۇپ باھالاندى. 6 ـ ئايدا شىنجاڭ يول، كۆۋرۈك 2 ـ باشقارمىسىنىڭ 4 ـ ئىش رايونى ياشلار زەربىدارلار ئەترىتى، تارباغاتاي تاشيول باش ئۇچاستكىسىنىڭ جىياخېزى يول ئەترىتى مەملىكەت دەرىجىلىك «ياشلار مەدەنىي ئورنى» دېگەن نامغا ئېرىشتى؛ شىنجاڭ يولۇچى ترانسپورت شىركىتى يولۇچى توشۇش بېكىتى بېلەت سېتىش ئىسمېنىسىنىڭ باشلىقى لى جيەنخۇڭ مەملىكەت دەرىجىلىك «ياشلار ئىش ئورنى ماھىرى» دېگەن نامغا ئېرىشتى. 7 ـ ئايدا قاتناش نازارىتىنىڭ تاشيول سۈپىتىنى نازارەت قىلىش پونكىتىغا قاتناش مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە قاتناش سىستېمىسىدىكى ئىلغار قۇرۇلۇش سۈپىتىنى نازارەت قىلىش پونكىتى» دەپ نام بېرىلدى؛ شۈي جۇڭلياڭ، چېن جيەنجۇڭ، ياقىت قاتارلىق 3 كىشىگە «مەملىكەت بويىچە قاتناش سىستېمىسىدىكى قۇرۇلۇش سۈپىتىنى نازارەت قىلغۇچى مۇنەۋۋەر ئىنژېنېر» دەپ نام بېرىلدى. 9 ـ ئايدا قاتناش مىنىستىرلىكى ۋاڭ جىشىڭ، جۇ شاۋيۈەن، جاڭ چىلىن قاتارلىق 3 كىشىگە «مەملىكەت بويىچە قاتناش سىستېمىسىدىكى مۇنەۋۋەر پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ خىزمەتچىسى» دەپ نام بەردى. 9 ـ ئايدا قاتناش مىنىستىرلىكى شىنجاڭ تاشيول ئىدارىسى خوتەن باش ئۇچاستكىسىنىڭ ئەندىر يول ئەترىتى ۋە قەشقەر باش ئۇچاستكىسىنىڭ سايباغ تاشيول ئاسراش پونكىتى، تارباغاتاي باش ئۇچاستكىسى ساۋەن ئۇچاستكىسىنىڭ جىياخېزى يول ئاسراش ـ باشقۇرۇش پونكىتىغا «مەملىكەت بويىچە مەدەنىي يول ئەترىتى» دەپ نام بەردى؛ دولقۇنجان، ليۇ رۇيخۇا، ئەخمەت نىياز، ئابلەت سادىرلارغا «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر يول ئاسراش ئىشچىسى» دەپ نام بېرىلدى.

شى جې

## پەن ـ تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى

1999 ـ يىلى قاتناش نازارىتى پەن ـ تېخنىكىغا 3 مىليون 745 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى، 12 تەتقىقات تېمىسى ئورۇندالدى ۋە باھالاپ، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى.

تۈزۈلمە سېخى قۇراشتۇرۇش سۈپىتى بۇ تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرىنى شىنجاڭ يول قۇرۇلۇشى ماشىنىسازلىق زاۋۇتى ئورۇندىدى.

XZ — LYC تىپلىق ئاسفالت يول يۈزىنى ئاسراش قۇرۇلۇشى ئاپتوموبىلى بۇ شىنجاڭ يول قۇرۇلۇشى

ماشىنسازلىق زاۋۇتى ئۆزى لايىھىلەپ ياساپ چىققان كىچىك تىپتىكى ئاسفالت يول يۈزىنى ئۇنىۋېرسال ئاسراش ئاپتوموبىلى بولۇپ، تاشيول ئۇچاستكىلىرىدا ئىشلىتىشكە باب كېلىدۇ، بۇ ئاپتوموبىل ئارقىلىق ئىشچىلارنىڭ ئەمگەك سىجىللىقىنى يەڭگىللىتىپ، خىزمەت ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ.

**ئاسفالت ئارىلاشما ماتېرىيالنى ئارىلاشتۇرۇش ئۈسكۈنىسىنىڭ كۆيدۈرۈش سىستېمىسىنى ئۆزگەرتىش** بۇ تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرىنى شىنجاڭ يول، كۆۋرۈك باش شىركىتىنىڭ 2 - باشقارمىسى ئورۇندىدى. ئاسفالت ئارىلاشما ماتېرىيال ئارىلاشتۇرۇش ئۈسكۈنىسىنىڭ كۆيدۈرۈش سىستېمىسىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق، قويۇق نېفىتنى دىزېلىن ئورنىدا ياقسا، يېقىلغۇ تەننەرخىنى %55 تېجەپ، ئۈنۈمنى كۆرۈنەرلىك ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

**كۆۋرۈكتە يوچۇقسىز ئۇزىراش، قىسقىراش يوچۇقىنى تەدبىقلاش تەتقىقاتى** بۇ تېخنىكا كېڭەيتىش، تەدبىقلاش تۈرىنى شىنجاڭ يول، كۆۋرۈك باش شىركىتى ئورۇندىدى. بۇ تەتقىقات تېمىسى قاتناش مىنىستىرلىكىنىڭ 1997 - يىلدىكى پەن - تېخنىكىنى كېڭەيتىش، تەدبىقلاش تۈرى ئىدى. بىر قاتار تەدبىقلاش ۋە تەجرىبە قىلىپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، يوچۇقسىز ئۇزىراش، قىسقىراش يوچۇقىنىڭ ئىشىنى، ماتېرىيالنى تېجەيدىغان تېخنىكىسى ئىلغار، تاشيول كۆۋرۈك يۈتكەش سۈپىتىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدىغان بىر خىل يېڭى ماتېرىيال، يېڭى ھۈنەر - سەنئەت ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى.

**سىرىلدۇرۇپ تەجرىبە قىلىش تېخنىكىسى ئارقىلىق ئاپتوموبىلنىڭ ھەرىكەت قارشىلىق كۈچى كوئېففىتسېنتى ۋە ھاۋا قارشىلىق كۈچى كوئېففىتسېنتىنى ئەتقىق قىلىش** بۇنى شىنجاڭ قاتناش پەن تەتقىقات ئورنى ئورۇندىدى. تېما گورۇپپىسى مۇكەممەل، سىستېمىلىق بولغان ماتېماتىكىلىق مودېل تۇرغۇزۇش ئارقىلىق، سىرىلدۇرۇش تەجرىبىسىدىن پايدىلىنىپ سىرىلىش قارشىلىق كۈچى كوئېففىتسېنتى ۋە ھاۋا قارشىلىق كۈچ كوئېففىتسېنتىغا ئىگە بولدى ھەمدە سىرىلىش سانلىق مەلۇماتىنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى تەدبىقلاش تەرتىپىنى تۈزۈپ چىقتى. بۇ ئۇر سانلىق مەلۇماتلارنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە تەجرىبە ئىشلەش ئۇسۇلى جەھەتتە يېڭىلىق يارىتىپ، ئۆلچەشنىڭ توغرىلىق دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، مەملىكەت ئىچىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇپ، مەملىكەت ئىچىدە ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى.

**سىرىلما قېلىپ ئارقىلىق يول يۈزىنى بېتوندىن قۇيۇش تېخنىكىسىنى قوللىنىش** بۇ تۈرنى شىنجاڭ يول، كۆۋرۈك باش شىركىتى ئورۇندىدى. بۇ قاتناش مىنىستىرلىكىنىڭ تاشيول ئورنىنىڭ 8 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى پەن - تېخنىكىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش مۇۋەپپەقىيىتى ۋە 3 ئەمەلىي گەۋدىسىگە تايىنىپ قوللىنىدىغان تۈر. بۇ تۈردە شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، سىرىلما قېلىپ ئارقىلىق يول يۈزىنى بېتوندىن قۇيۇش ماتېرىيالى، سىرتقى يۈز خورۇجى، ئارىلاشتۇرۇش نىسبىتى قاتارلىقلار ئۈستىدە بىر يۈرۈش تەتقىقات ئېلىپ بېرىلدى ھەمدە بۇ تەتقىقات نەتىجىسى ئەمەلىي گەۋدە قۇرۇلۇشىدا قوللىنىلىپ ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. تېما گورۇپپىسى يەنە «شىنجاڭ رايونىنىڭ سىرىلما قېلىپ ئارقىلىق يول يۈزىنى بېتوندىن قۇيۇش تېخنىكىسىنىڭ قائىدىسى»نى يېزىپ چىقتى.

**XJ6103H تىپلىق ئالىي دەرىجىلىك ئاپتوبۇس** بۇنى شىنجاڭ ئاپتوبۇس زاۋۇتى ياساپ چىقتى. بۇ خىل ئاپتوبۇسنى مۇشۇ زاۋۇت ئۆزى لايىھىلەپ ياسىغان بولۇپ، ياسىلىشى كۆركەم، قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق، ھوزۇرلۇق، ئىشەنچلىك بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. بۇ ئاپتوبۇسنىڭ ياسىلىشى ئاپتونوم رايونىنىڭ بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقىنى تولدۇردى.

**تۇرپان — ئۈرۈمچى — داخۇاڭشەن ئالىي تاشيولىدا ئاپتوموبىللاردىن مەخسۇس تاشيول ھەققى ئېلىش تەتقىقاتى** بۇ ش ئۇ ئا ر ئالىي تاشيول باشقۇرۇش ئىدارىسى ئورۇندىغان يۇمشاق پەن تۈرى. تېما گورۇپپىسى تاپشۇرغان تەتقىقات دوكلاتىنىڭ قۇرۇلمىسى مۇكەممەل، مەزمۇنى چىن، سانلىق مەلۇماتلىرى ئىشەنچلىك. قولغا كەلتۈرۈلگەن تەتقىقات نەتىجىسى ۋە ئاپتوموبىللارنى تۈرگە ئايرىپ ھەق ئېلىش ئۆلچىمى لايىھىسى تۇرپان — ئۈرۈمچى — داخۇاڭشەن تاشيولىدا ھەق ئېلىش ئەمەلىيىتىدە بىۋاسىتە قوللىنىلىپ، ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

**ئالماشتۇرغىلى بولىدىغان رىشاتكا قوزۇقى قۇرۇلمىسى** بۇنى ئۈرۈمچى «مىڭدۇن» تېخنىكا تەرەققىيات شىركىتى ئورۇندىدى. بۇ ئىلگىرىكى ئالماشتۇرغىلى بولىدىغان رىشاتكىلارنىڭ قوزۇق قۇرۇلمىسى ئاساسىدا ئىشلەنگەن يېڭى ئەۋلاد مەھسۇلات بولۇپ، سوقۇلۇشتىن ساقلىنىش، قۇرۇلۇشنى ئاسراش قولاي بولۇش، ئوغرىدىن ساقلىنىش قاتارلىق ئىقتىدارلارغا ئىگە.

**شىنجاڭ يول مەمۇرىيىتى باشقۇرۇش ئۇچۇر سىستېمىسى** بۇنى ش ئۇ ئا ر قاتناش نازارىتىنىڭ كومپيۇتېر پونكىتى بىلەن تەشۋىقات - مائارىپ باشقارمىسى ئورۇندىدى. بۇ تۈردە يول مەمۇرىيىتى ئارخىپلىرىنى باشقۇرۇش جەھەتتە تورغۇن خىزمەت ئىشلەندى. بۇ سىستېما ئاساسلىقى شىخەنزە كادىر تەربىيىلەش كۇرسى، يول مەمۇرىيىتى خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈش، سىناشتا تەدبىقلاندى، ئۇ بىر يۈرۈش مۇكەممەل سىناق سوئالى ئامبىرى ھېسابلىنىدۇ.

ماتور تەجرىبە شارائىتىنى ئاپتوماتىك تىزگىنلەش ۋە ئۇنىڭغا دائىر سانلىق مەلۇماتلارنى بىر تەرەپ قىلىش بۇنى شىنجاڭ قاتناش تەتقىقات ئورنى ئورۇندىدى. تېما گۇرۇپپىسى تەجرىبىگە دائىر سانلىق مەلۇماتلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا كومپيۇتېردا بىر تەرەپ قىلىش يۇمشاق دېتالىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى، ماتورنى تەجرىبە قىلىش شارائىتىنى نازارەت قىلىش - تىزگىنلەش تېخنىكىسى جەھەتتە ماتورنى ئۆلچەش پارامېتىرىنى كۆزىتىش سىستېمىسى، ئاپتولنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى تەڭشەش - تىزگىنلەش سىستېمىسى، ئاپتول تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىنى تومۇش سىستېمىسى ۋە ماتورنى سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقىنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى تەڭشەش - تىزگىنلەش سىستېمىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە ماتورنى سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقىدىن پايدىلىنىپ ئاپتولنى ئالدىن قىزدۇرۇش تېخنىكىسى دۆلەت ئىچىدە تۇنجى قېتىملىق ئىش. بۇ قۇرۇلمىنىڭ لايىھىسى يېڭى، تېمپېراتۇرىنى تەڭشەش - تىزگىنلەش دەرىجىسى يۇقىرى، ئىقتىدارى ئىشەنچلىك، ئۇ دۆلەت ئىچىدە ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن.

شىنجاڭدا شەھەر بىلەن يېزا ئارىلىقىدا يولۇچى توشۇش تەتقىقاتى بۇنى شىنجاڭ قاتناش تەتقىقات ئورنى ئورۇندىدى. بۇ تۇرپان — ئۈرۈمچى — داخۇاڭشەن ئالىي تاشيولىدا يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن، دۇنيا بانكىسى ياردەم بەرگەن تۈر. تېما گۇرۇپپىسى كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايوننىڭ يولۇچى ترانسپورتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى ۋە تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاپ رەتلەش ئىشىنى تاماملىدى. نەزەرىيە تەتقىقاتى ئاساسىدا ئىلمىي تەھلىل ئۇسۇلى ۋە ۋاسىتىسىنى قوللىنىپ ماتېماتىكىلىق مودېل تۇرغۇزدى، 2000 - يىلى، 2005 - يىلى ۋە 2010 - يىلى توشۇلىدىغان يولۇچىلار مىقدارىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنى، يولۇچىلار ئاپتوبۇسلىرىنىڭ ساقلىنىپ قېلىش مىقدارىنى ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ئارىلىقىدا توشۇلىدىغان يولۇچى مىقدارىنى قىياس قىلىپ، تۆۋەن، ئوتتۇراھال، يۇقىرى قىياس لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. تېما گۇرۇپپىسى يەنە ئىشنى تاشيول ترانسپورت سىياسىتىگە دائىر قائىدە - نىزام، تاشيول ترانسپورت كارخانىلىرى، يولۇچى توشۇش بېكىتى، ئاپتوبۇس رېمونت قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردىن باشلاپ، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ئىشلەپچىقىرىش مەسىلىلىرىنىڭ سەۋەبىنى تېپىپ چىقىپ، ئەقىلغا مۇۋاپىق تەكلىپ ۋە تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. قىسمەن تەكلىپ ۋە تەدبىرلەرنى ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇل تارماقلىرى بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك ھالدا قوللاندى ھەمدە

ياخشى ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

جۇاڭ يۇڭ

## ئەمگەك مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى، قاتناش مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى

گوۋۇيۈەن رەھبەرلىرىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن 1999 - يىل 1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئەمگەك مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى لىن يۇگەن ئاپتونوم رايوننىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا «شىنتۇڭ» گۇرۇھ شىركىتىگە بېرىپ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى يوقلىدى ۋە ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەردىن ھال سورىدى.

9 - ئايدا قاتناش مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى لى جۈيچاڭ قاتناش مىنىستىرلىكىنىڭ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى باشلاپ كېلىپ تۇرپان — ئۈرۈمچى — داخۇاڭشەن ئالىي تاشيولىنىڭ ترانسپورتنى باشقۇرۇش ئەھۋالى ۋە ئۈرۈمچى — كۈيتۇڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولىنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

شى جى

# خەلق ئاۋىئاتسىيىسى

## ئومۇمىي ئەھۋالى

1999 - يىلى شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى ترانسپورت ۋە مەشىق ئۈچۈن 47 مىڭ 200 سائەت ئايروپىلان ئۇچۇردى، 36 مىڭ 517 ئايروپىلان (قېتىم) ئۇچۇردى ۋە قوندۇردى، ھادىسە كۆرۈلۈش ئالامەتلىرىنىڭ ھەر 10 مىڭ سائەتتە ئىگىلىگەن نىسبىتى 0.21 بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 0.98 تۆۋەنلىدى؛ ئايروپىلان ئاسراش قۇرۇلۇش بۆلۈمى ھاۋا بوشلۇقىدا T — 154M تىپلىق ئايروپىلاننىڭ ماتورى ئۇدا 65 ئاي، ئىل 86 تىپلىق ئايروپىلاننىڭ ماتورى ئۇدا 49 ئاي توختاپ قالماسلىقتەك رېكورت ياراتتى. شىركەت 45 يىل ترانسپورت ئايروپىلانلىرىنى بىخەتەر ئۇچۇرۇشنى، 20 يىل بىخەتەر ئۇچۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. بىر يىلدا شىركەتنىڭ ترانسپورت ئوبوروت مىقدارى 323 مىليون 506 مىڭ 800 توننا - كىلومېتىرغا يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 8.3% ؛ توشۇلغان يولۇچى 1 مىليون 444 مىڭ 792 ئادەمگە يېتىپ، 7.8% ؛ توشۇلغان يۈك ۋە پوچتا يوللانمىلىرى 31 مىڭ 727.2 تونىنغا يېتىپ، 18.1% ئاشتى. ئاساسلىق تىجارەت كەسپىدىن قىلغان كىرىم 2 مىليارد 132 مىليون 260 مىڭ

يۈەنگە يېتىپ، 11.02%؛ يۇقىرىغا تاپشۇرغان بېجى 73 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 13.7% ئاشتى؛ يۇقىرىغا 97 مىليون 730 مىڭ يۈەن خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇش فوندى تاپشۇردى، پايدىسى 17 مىليون 670 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

بىر يىلدا 3 دانە بوئىڭ 757 تىپلىق ئايروپىلان كىرگۈزدى. ئىجارىگە ئالغان TU — 154M تىپلىق ئايروپىلاندىن بىرنى قايتۇرۇۋەتتى. يىل ئاخىرىغىچە شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى تىجارەت قىلىدىغان ئايروپىلان 21گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە «86 ـ ئىل» تىپلىق ئايروپىلان 3، TU — 154M تىپلىق ئايروپىلان 5، بوئىڭ 200 — 757 تىپلىق ئايروپىلان 6، بوئىڭ 300 — 737 تىپلىق ئايروپىلان 2، 72 — ATR تىپلىق ئايروپىلان 5. شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى مەملىكەت ئىچىگە يېڭىدىن 2 لىنىيە ئاچتى؛ يىل ئاخىرىغىچە ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى 61 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خەلقئارالىق لىنىيە 6، مەملىكەت ئىچىدىكى لىنىيە 54، رايون لىنىيىسى بىر، ئومۇمىي ئۇچۇش مۇساپىسى 141 مىڭ 872 كىلومېتىر.

1999 ـ يىلى شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى بوئىڭ 200 — 757 تىپلىق ئايروپىلانىنى 12 نۆۋەت كىرا قىلىپ، 3 مىليون 500 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدى؛ ھەج قىلىشقا بارىدىغانلارغا 8 نۆۋەت كىرا قىلىپ، ھەج قىلىدىغان 2202 ئادەم (قېتىم) مۇسۇلمان يولۇچىنى توشۇپ، كىرىمى 10 مىليون 796 مىڭ 400 يۈەن؛ 714 قېتىم ئىسمىنا قوشۇپ ئۇچۇپ، كىرىمى 72 مىليون 320 مىڭ يۈەن؛ 163 قېتىم ئايروپىلان نۆۋىتىنى مۇۋاپىق تەڭشەپ، كىرىمى 13 مىليون 840 مىڭ يۈەن ئاشۇردى؛ 108 ئايروپىلان (قېتىم) ئەسكەر توشۇدى، توشۇش مىقدارى ۋە قېتىم سانى 1998 ـ يىلدىكىدىن خېلى زور دەرىجىدە ئاشتى.

ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا 564 مىليون 960 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سالغىنى 502 مىليون 170 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سالغىنى 54 مىليون 430 مىڭ يۈەن، يەر يۈزى تۇراقلىق مۈلۈكلەرنى چوڭ رېمونت قىلىشقا سالغىنى 8 مىليون 360 مىڭ يۈەن. ئۈرۈمچى ئايرودرومىنىڭ ئاۋىئاتسىيە بېكىتى بىناسى، كومپيۇتېر ئۇنىۋېرسال كەسپىي بىناسىنىڭ ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى پۈتتى؛ قەشقەر ئايرودرومىنىڭ ئۇچۇش رايونىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى؛ 388 يۈرۈش، كۆلىمى 33 مىڭ 628 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشى پۈتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئايرودروملارنىڭ كومپيۇتېرلاشتۇرۇش ۋە خەۋەرلىشىش، يول

باشلاش مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 9 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى.

جۇي جيەنپىڭ

## تىجارەت ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى

1999 ـ يىلى شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ تىجارەت قىلىدىغان ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى 61گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەرگە قاتنايدىغان لىنىيىلەر: ئۈرۈمچى — بېيجىڭ، شاڭخەي، گۇاڭجۇ، چېڭدۇ، خاربىن، خاڭجۇ، شىئەن، داليەن، جېڭجۇ، فۇجۇ، شيامېن، دۇنخۇاڭ، لەنجۇ، ۋېنجۇ، چاڭشا، شېنجېن، شېنياڭ، گۇيلىن، جىنەن، شىنىڭ، تيەنجىن، چىڭداۋ، كۇنمىڭ، چاڭجۇ، يەنتەي، چۇڭچىڭ، نىڭبو.

شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ چاڭجۇدىكى بازىسىدىن قاتنايدىغان ئاۋىئاتسىيە لىنىيىلىرى: چاڭجۇ — بېيجىڭ، گۇاڭجۇ، ۋۇخەن، كۇنمىڭ، شېنجېن، خەيكۇ، شيامېن، نىڭبو، چۇڭچىڭ، فۇجۇ، جاڭجياجيې، چاڭشا، گۇيلىن، شىئەن، ۋۇيىشەن، گەنجۇ.

شىنجاڭ ئىچىدىكى ئاۋىئاتسىيە لىنىيىلىرى: ئۈرۈمچى — ئالتاي، قاراماي، غۇلجا، كۆكتوقاي، ئاقسۇ، خوتەن، قەشقەر، كورلا، كۇچا، چارچەن، چۆچەك.

خەلقئارا ئاۋىئاتسىيە لىنىيىلىرى: ئۈرۈمچى — ئالمۇتا، ئۈرۈمچى — تاشكەنت، ئۈرۈمچى — يېڭى سىبىرىيە، ئۈرۈمچى — يېڭى سىبىرىيە — موسكۋا، ئۈرۈمچى — ئىسلامئاباد، ئۈرۈمچى — بىشكەك.

رايون ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى: ئۈرۈمچى — چۇڭچىڭ — شياڭگاڭ.

چېن خۇڭمېي، ۋاڭ لىيىڭ

## يېڭىدىن ئېچىلغان ئاۋىئاتسىيە لىنىيىلىرى

1999 ـ يىلى شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى يېڭىدىن 2 ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى ئاچتى.

9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى چاڭجۇ — ۋۇيىشەن — شيامېن لىنىيىسىدە ئايروپىلان قاتنىدى.

9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى شيامېن — گەنجۇ لىنىيىسىدە ئايروپىلان قاتنىدى.

بۇ لىنىيىلەرگە شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى 72 — ATR تىپلىق ئايروپىلاننى سالدى.

چېن خۇڭمېي

## يېڭىدىن ئېچىلغان ئاۋىئاتسىيە يوللىرى

1999 ـ يىل 7 ـ ئايدا شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى ئۈرۈمچى — لەنجۇ لىنىيىسىنىڭ جەنۇب ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى (ئۈرۈمچى — فۇكاڭ — گۇچۇڭ — دۇنخۇاڭ — شىنىڭ —



شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى 1996 - يىلى بالىلارنى جوكلار ھەمراھ بولمىغان ئەھۋالدا ئايروپىلانغا سېلىشنى بولغا قويغاندىن بۇيان، ئاتا - ئانىلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. 1999 - يىلغىچە 3000 دىن ئارتۇق بالا ئاتا - ئانىلىرى ھەمراھ بولمىغان ئەھۋالدا ئوشۇلدى. بىرەر قېتىممۇ سەۋەنلىك كۆرۈلمىدى. سۈرەتتە: ئايروپىلان خادىملىرى كىچىك بولۇچىلارنى ئايروپىلانغا ئېلىپ چىقماقتا.

يەن فۇچياڭ فوتوسى

لەنجۇ) نى ئاچتى. 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۈرۈمچى — سايوپا — دۇنخۇاڭ — شىنىڭ — لەنجۇ شياڭگاڭغا چىقىش تەييارلىق ئاۋىئاتسىيە يولىنى ئاچتى.

ئۈرۈمچى ئايرودورومىدىن ئۇچۇپ ئىچكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارغا بارىدىغان ئۈرۈمچى — فۇكاڭ — گۇچۇڭ — قومۇل — شىخشىيا ئاۋىئاتسىيە بۆلىكى شىنجاڭغا كىرىدىغان، شىنجاڭدىن چىقىدىغان بىردىنبىر ئاۋىئاتسىيە يولى. شىنجاڭ — ياۋروپا، شىنجاڭ — ئاسىيا ئاۋىئاتسىيە يولى ئېچىلغاندىن كېيىن، ئاۋىئاتسىيە مۇساپىسىنىڭ قىسقىرىشى تۈپەيلىدىن جەلپ قىلىنغان خەلقئارا ئاۋىئاتسىيە نۆۋەتچى ئايروپىلانى يىلىغا 70% لىك سۈرئەت بىلەن كۆپەيمەكتە. ئاساسلىق يۇقىرى ھاۋا بوشلۇقى قاتلىمىنى خەلقئارا نۆۋەتچى ئايروپىلانلار ئىگىلەپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، تارقاقلاشتۇرۇپ تىزگىنلەشكە مەجبۇر بولۇش ئاۋىئاتسىيە نۆۋەتچى ئايروپىلانلىرىنىڭ كېچىكىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. بۇ خىل ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى ھاۋا ئارمىيىسىدىكى نۇرغۇن ئورۇنلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ شىنجاڭدىن چىقىدىغان بۇ 2 ئاۋىئاتسىيە يولىنى ئېچىشنى قارار قىلدى. يېڭى ئېچىلغان بۇ 2 ئاۋىئاتسىيە يولى نۆۋەتتە پەقەت مەملىكەت ئىچىدە ئىشلىتىش بىلەنلا چەكلىنىۋاتىدۇ.

جاڭ چاۋ

## ھەممىباب ئاۋىئاتسىيە

1999 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەممىباب ئاۋىئاتسىيە شىركەتلىرى ئايروپىلاننى 5188 سائەت، 19 مىڭ 338 ئايروپىلان (قېتىم) ئۇچۇردى، 260 مىڭ گېكتار يەرنى بىر تەرەپ قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق ئۈچۈن ئۇچۇرۇلغىنى 3314 سائەت، 12 مىڭ 949 ئايروپىلان (قېتىم)؛ سانائەت ئۈچۈن ئۇچۇرۇلغىنى 590 سائەت، 419 ئايروپىلان (قېتىم)؛ مەشىق ئۈچۈن ئۇچۇرۇلغىنى 499 سائەت، 4610 ئايروپىلان (قېتىم)؛ ھۆكۈمەت ئىشى ئۈچۈن ئۇچۇرۇلغىنى 785 سائەت، 1360 ئايروپىلان (قېتىم).

1999 - يىلى شىنجاڭ ھەممىباب ئاۋىئاتسىيە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ ئۇچقان ئايروپىلانلىرىدا بىر قېتىم ئېغىر ھادىسە يۈز بەردى، بىر قېتىم ئېغىر ھادىسە كۆرۈلۈش ئالامىتى يۈز بەردى.

6 - ئاينىڭ 19 - كۈنى سائەت 18 دىن 5 مىنۇت ئۆتكەندە، شىنجاڭ ھەممىباب ئاۋىئاتسىيە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ ئايروپىلان باشلىقى كۆك خوي، مۇئاۋىن ليۇتچىك لى فېي ھەيدىگەن 11 — Y تىپلىق 3886 — B نومۇرلۇق ئايروپىلان قاراماي شەھىرىدە ھاشارات يوقىتىش دورىسى چېچىش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىۋېتىپ، 5 - قېتىم 1 - نۆۋەتلىك دورىنى چېچىپ بولۇپ ئايلانغاندا، يۇقىرى بېسىملىق توك سىمىغا سوقۇلۇپ كېتىپ، ئايروپىلاننىڭ قۇيرۇق ۋە قانىتىنى چاقماق قايتۇرغۇچ سىم تۈۋىدىن ئۈزۈۋەتتى. ئايروپىلان كونتروللۇقىنى يوقىتىپ، بىر قورۇق تامغا سوقۇلۇپ كىرەكتىن چىقتى. ئايروپىلان باشلىقى كۆك خوي قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي ئۆلۈپ كەتتى، مۇئاۋىن ليۇتچىك لى فېي ئېغىر يارىلاندى. 6 - ئاينىڭ 14 - كۈنى سائەت 20 دە شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» ھەممىباب ئاۋىئاتسىيە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ «بورانقۇش 4200 — 650B» نومۇرلۇق ئايروپىلانى بۇرچىن ناھىيىسىدە چېكەتكە يوقىتىش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىۋاتقاندا، ئۇچۇش تېخنىكا ئۆلچىمى بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىنغاچقا، ئايروپىلان تاغ قاپتىلىنىڭ چوققا تەرىپىگە كىرىپ قالدى، چېكىنىپ چىقىش ئېگىزلىكى تۆۋەن بولغاچقا، قونۇش مەيدانىنىڭ سىرتىغا مەجبۇر قوندۇرۇلدى، نەتىجىدە ئايروپىلاننىڭ چاقپىلىكىگە

لېغىر دەرىجىدە زىيان يېتىشتەك لېغىر ھادىسە كۆرۈلۈش ئالامىتى يۈز بەردى.

1999 ـ يىلى شىنجاڭ ھەمىباب ئاۋىئاتسىيە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ 12 — Y تىپلىق 3816 — B ـ نومۇرلۇق بىر ئايروپىلانى 2 ئاي ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇلۇش ۋە ئۇچۇش مۇۋاپىقلىقى تەكشۈرۈپ بېكىتىلىش ئارقىلىق، 11 ـ ئايدا كۆنمىڭ ئايرودرومىدا نېپال ئاۋىئاتسىيىسىنىڭ ئۇچۇشنى كاپالەتلەندۈرۈش خۇسۇسىي چەكلىك شىركىتىگە تاپشۇرۇپ بېرىلدى.

لى داگۇەن

## ئارقا سەپ كاپالىتى

1999 ـ يىلى شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى 20 يىل بىخەتەر ئۇچۇشنى ترانسپورت بىخەتەرلىكى ۋە بوشلۇق بىخەتەرلىكىدە 45 يىل بىخەتەر ئۇچۇشنى ئەمەلگە ئاشۇردى. بىر يىلدا 47 مىڭ 200 سائەت ئۇچۇش كاپالەتلەندۈرۈلدى، 53 مىڭ 800 ھەرخىل ئايروپىلان (قېتىم) ئۇچۇشقا كاپالەتلىك قىلىندى، ھادىسە كۆرۈلۈش ئالامەتلىرىنىڭ ھەر 10 مىڭ سائەتتە ئىگىلىگەن نىسبىتى 0.21 بولۇپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن 0.98 تۆۋەنلىدى، ئېغىر خاتالىق كۆرۈلۈشنىڭ ھەر 10 مىڭ سائەتتە ئىگىلىگەن نىسبىتى 0.85 بولۇپ، 0.59 تۆۋەنلىدى. ئاۋىئاتسىيە بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، جۇڭگو خەلق ئاۋىئاتسىيىسى باش ئىدارىسى تەرىپىدىن «بىخەتەر ئۇچۇشتىكى ئىلغار ئورۇن» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

بىر يىلدا ئاۋىئاتسىيە باشقۇرۇشى، ھاۋارايى، ئاخبارات سەۋەبلىك ئۇچۇش ھادىسىسى كۆرۈلۈش ئالامىتى يۈز بەرمىدى، ئېغىر خاتالىق كۆرۈلمىدى. ھاۋارايىدىن ئالدىن بېرىلگەن مەلۇماتنىڭ توغرىلىق نىسبىتى %83.2، كۆزىتىش جەھەتتىكى خاتالىق نىسبىتى %0.06 بولدى، ئۈسكۈنىلەرنىڭ نورمال ئىشلەش ئۈنۈمى %100كە يەتتى. 150 مىڭ نۇسخا ئۇچۇشقا ئائىت ھەرخىل ئاخبارات ـ مەلۇمات ماتېرىيالى، 60 مىڭ نۇسخىدىن ئارتۇق ئۇچۇشقا ئائىت ئېلان قوبۇل قىلىندى ياكى تارقىتىلدى.

ئايروپىلان رېمونت قۇرۇلۇش بۆلۈمى 37 مىڭ 558.34 سائەت بىخەتەر ئۇچۇشقا كاپالەتلىك قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 86 — ئىل تىپلىق ئايروپىلان 4503.57 سائەت ئۇچتى، 154M — TU تىپلىق ئايروپىلان 6116.39 سائەت ئۇچتى، بوئىڭ 200 — 757 تىپلىق ئايروپىلان 15 مىڭ 450.49 سائەت ئۇچتى، بوئىڭ 300 — 737 تىپلىق ئايروپىلان 4777.30 سائەت ئۇچتى، 72 — ATR تىپلىق ئايروپىلان 6710.59 سائەت ئۇچتى. ئايروپىلانلار 154 قېتىم قەرەللىك تەكشۈرۈلدى، 135 دانە (يۈرۈش) ئۈسكۈنە رېمونت قىلىندى. ئۈسكۈنىلەردىن پەسىللىك ئالماشتۇرۇش خىزمىتى سۈپىتىنىڭ ياخشى بولۇش نىسبىتى %100 بولدى. بوئىڭ 300 — 737 تىپلىق، بوئىڭ 200 — 757 تىپلىق ۋە 72 — ATR تىپلىق ئايروپىلانلار C دەرىجىلىك رېمونت قىلىندى. 81 قارار كۇرس ئېچىلىپ، 1512 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى.

خەۋەرلىشىش، پول باشلاش ئۇچۇرى خىزمىتى 1 مىليون 147 مىڭ 674 سائەت ئىشلەندى، 5 مىليون 605 مىڭ 362 نۇسخا تېلېگرامما قوبۇل قىلىندى ۋە يوللاندى، خەۋەرلىشىش، يول باشلاش خىزمىتىنىڭ نورمال بولۇش نىسبىتى %99.99، ئۈسكۈنىلەرنىڭ ساق بولۇش نىسبىتى %99.542 بولدى، 61 قېتىم دۆلەت رەھبەرلىرى ئولتۇرغان مەخسۇس ئايروپىلاننىڭ خەۋەرلىشىش، يول باشلاش خىزمىتىگە كاپالەتلىك قىلىندى. بىر يىلدا خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنىلىرى ئۈچۈن 7 مىليون 165 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، پىلاننىڭ %73.3ى ئورۇندالدى. ئۈسكۈنىلەرنى يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش تۈرىدىن 22سى ئورۇندالدى.

ئايرودروم كاپالەتلەندۈرۈش بۆلۈمى ئايروپىلان يولى، ئۇچۇش ـ قونۇشقا ياردەم بېرىش چىرىغى، ئۇچۇشنى توك بىلەن تەمىنلەش قاتارلىق ئايرودروم كاپالىتى سەۋەبلىك نورمال ئۇچۇشقا تەسىر يەتكۈزمىدى. ئايروپىلان يولى ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ساق بولۇش نىسبىتى %95 تىن يۇقىرى بولدى، ئۇچۇش ـ قونۇشقا ياردەم بېرىش چىرىغى 1087 قېتىم خاتاسىز يورۇتىلدى، چىراغ يورۇتۇش ۋەزىپىسىگە 2739 سائەت كاپالەتلىك قىلىندى، تۈرلۈك چىراغ سايمانلىرىنىڭ ساق بولۇش نىسبىتى جۇڭگو خەلق ئاۋىئاتسىيىسى باش ئىدارىسى بەلگىلىگەن كەسىپ ـ ساھە ئۆلچىمىگە يەتتى، سۇ، توك، ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەشكە خېلى ياخشى كاپالەتلىك قىلىندى.

بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش ئورنى ھەرخىل ئايروپىلاندىن 7052 (قېتىم) نى تەكشۈردى، تەكشۈرۈلگەنلەر ئىچىدە چەت ئەللىك يولۇچى 657 مىڭ 416 ئادەم (قېتىم)، بۇنىڭ ئىچىدە مۇھىم يولۇچى 5406 ئادەم (قېتىم) ؛ 1 مىليون 644 مىڭ 798 دانە سومكا، چامدان، يۈك تاق تەكشۈرۈلدى، 624 مىڭ 709 بولاق يۈك، پوچتا يوللانمىسى تەكشۈرۈلدى؛ رەسمىيىتى نامۇۋاپىق 1443 يولۇچى، ئۆزىنى باشقا بىراۋ قىلىپ كۆرسەتكەن 102 ئادەم (قېتىم)، كىملىكى يالغان 32 ئادەم، تۇتۇش ئېلانى چىقىرىلغان 4 جىنايەت گۇماندارى، ئاسان يانىدىغان، پارتلايدىغان بۇيۇمدىن 472 سى، 85 دانە مىلتىق، 538 پاي ئوق، 12 مىڭ 489 دانە پىچاق، 2976 خەتەرلىك ۋە ئېلىپ يۈرۈش مەنئى قىلىنغان بۇيۇم تەكشۈرۈپ تېپىلدى. ئالاھىدە يولۇچىلار ئۈچۈن 1210 ئادەم (قېتىم) مۇلازىمەت قىلىندى. 500 دىن ئارتۇق ياخشى ئىش قىلىندى.

60 قېتىمدىن ئارتۇق ئالتۇن ئۇچراپ قالسىمۇ كۆز قىرىنى سالمىدى. تېپىۋالغان نەق پۇل ۋە ماددىي بۇيۇملار خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 22 مىڭ 500 يۈەندىن ئاشىدۇ.

جۇڭگو ئاۋىئاتسىيە مىيى باش شىركىتىنىڭ شىنجاڭ شىركىتى 9409 ئايروپىلان (قېتىم) ماي قاچىلاشقا كاپالەتلىك قىلدى. كېچىكىش ھادىسىسىنىڭ ھەر 10 مىڭ ئايروپىلان (قېتىم) دا ئىگىلىگەن نىسبىتى نۆل، ماي قاچىلاش مەسئۇلىيىتىدىكى ھەر 10 مىڭ تونىدا ئىگىلىگەن خاتالىق نىسبىتى نۆل، خېرىدارلارنىڭ رازى بولۇش نىسبىتى %100، ماي سۈپىتىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %100، ئۈسكۈنىلەرنىڭ ساق بولۇش نىسبىتى %95تىن يۇقىرى بولدى. 81 مىڭ 170 تونىنا ئاۋىئاتسىيە كىرسىنى سېتىلىپ، 173 مىليون 490 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. باشقا كەسىپتىن 398 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى.

جاڭ چاۋ، جۇي جيەنپىڭ، لو گۈيچيۇ، چېن خۇڭبى

## يېڭىدىن كىرگۈزۈلگەن ئايروپىلانلار

1999 - يىلى شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى ئامېرىكىنىڭ بوئىڭ شىركىتىدىن 3 دانە بوئىڭ 200 — 757 تىپلىق ئايروپىلان كىرگۈزۈپ ئاۋىئاتسىيە تىجارىتىگە سالدى. شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى 9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە كىرگۈزۈشنى پىلانلىغان 6 دانە بوئىڭ 200 — 757 تىپلىق ئايروپىلاننىڭ ھەممىسى كىرگۈزۈلۈپ بولدى.

يىل ئاخىرىغىچە شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ ترانسپورت ئايروپىلانى 21 گە، ئايروپىلان ئورۇندۇقى 3721 گە، يۈك توشۇش ئىقتىدارى 431.7 تونىنغا يەتتى.

چېن خۇڭبى

## ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايرودرومىنى ئۆزگەرتىپ، كېڭەيتىپ ياساش قۇرۇلۇشى

1999 - يىلى ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايرودرومىنى ئۆزگەرتىپ، كېڭەيتىپ ياساشنىڭ 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشى ئومۇميۈزلۈك قۇرۇلۇش قىلىش باسقۇچىغا كىردى. بىر يىلدا 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشقا 79 مىليون 946 مىڭ 800 يۈەن مەبلەغ سېلىندى، سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ 248 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

يېڭىدىن سېلىنغان مۇھاپىزەتچىلەر يېڭىنىڭ گازارما ئۆيلىرى، ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتى تەكشۈرۈشتىن ئۆتۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى. ئۈرۈمچى ئايرودرومىنىڭ جەنۇبىي رايون پارقازىنى ئۆيىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ئوڭۇشلۇق پۈتتى. ئۈرۈمچى ئايرودرومىنىڭ ئىستانسا بىناسى، كومپيۇتېر ئۇنىۋېرسال مەشغۇلات بىناسىنىڭ ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى پۈتتى. ستېرېئولۇق ئاپتوموبىل ئامبىرى قۇرۇلۇشىنىڭ چېرتيوژىنى لايىھىلەش ۋە خېرىدار چاقىرىش خىزمىتى تاماملاندى. رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشى ۋە ماي بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشى ۋەزىپىسى پىلان بويىچە ئورۇندالدى.

جاڭ چاۋ

## قەشقەر ئايرودرومىنى ئۆزگەرتىپ، كېڭەيتىپ ياساش قۇرۇلۇشى

1999 - يىل 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق تۈرى بولغان قەشقەر ئايرودرومىنىڭ ئۇچۇش رايونىنى كېڭەيتىپ ياساش قۇرۇلۇشى پۈتتى ھەمدە دۆلەتنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى، قۇرۇلۇشقا 199 مىليون 770 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

قەشقەر ئايرودرومىنى ئۆزگەرتىپ، كېڭەيتىپ ياساش قۇرۇلۇشى 1997 - يىل 9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى باشلىنىپ، 2 يىلدا پۈتتى. ئۇچۇش رايونىنىڭ دەرىجىسى 4D دىن 4E غا ئۆستۈرۈلۈپ، ئاپتونوم رايون ئىچىدە چوڭ تىپتىكى يولۇچىلار ئايروپىلانى ئۇچۇپ قونالايدىغان 2 - خەلق ئاۋىئاتسىيە ئايرودرومى بولۇپ قالدى. كېڭەيتىپ ياسالغاندىن كېيىنكى قەشقەر ئايرودرومىنىڭ ئۇچۇش يولىغا قوش يۆنىلىشلىك I خىلدىكى كۆرسەتكۈچ ئەسۋابلىق قونۇش سىستېمىسى ئورنىتىلدى ھەمدە ترانسفورماتور پونكىتى، ئوت ئۆچۈرۈش پونكىتى، يۈندىنى بىر تەرەپ قىلىش مەركىزى قاتارلىق يۈرۈشلەشكەن ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش مۇئەسسەسەلىرى ياسالدى.

جاڭ چاۋ

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ ئىشلىرى

1999 - يىلى شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى 9 پەن - تېخنىكا تۈرىنى ئورۇندىدى. بۇنىڭ ئىچىدە «قونۇش يولىنى لازېر نۇرىنىڭ قوشۇمچە ياردىمى ئارقىلىق كۆرسىتىپ بېرىش سىستېمىسى» تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتۈپ، 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ سىناق تەرىقىسىدە ئىشلىتىلدى؛ «ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ تەننەرخىنى تىزگىنلەش تەتقىقاتى» تۈرى 5 - ئايدا جۇڭگو خەلق ئاۋىئاتسىيە باش ئىدارىسىنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى، بۇ تۈر مەملىكەت ئىچىدىكى ئوخشاش كەسىپلەر ئىچىدە ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتتى.

ئاساس باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇش قوللانمىسىنى تۈزۈش خىزمىتى ئىشلىنىپ بولدى. بۇ 57 تارماق قوللانمىسى، 40 كەسپىي قوللانمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، خەت سانى 15 مىليون 800 مىڭ.

1999 - يىلى ئۇچۇش، مېتېئورولوگىيە، ترانسپورت، مالىيە قاتارلىق كەسىپلەر بويىچە 44 قارار تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، 1818 ئىشچى - خىزمەتچى (قېتىم)

تەربىيىلەندى؛ 14 قارار كومپيۇتېر ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلىپ، 420 ئادەم تەربىيىلەندى؛ بۇنىڭ ئىچىدە 12 قارارى يۇمشاق دېتال قوللىنىش بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكلەرنى تەربىيىلەش كۇرسى. ئاز كەم 400 ئادەم چوڭلار ئالىي مائارىپ ئىمتىھانىغا قاتناشتى، بۇلارنىڭ 350ى ئاپتونوم رايون ئىچى ـ سىرتىدىكى ئالىي مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىندى؛ ئاز كەم 150 ئادەم ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنەلەردىن ئېلىنىدىغان ئىمتىھانغا قاتناشتى؛ 237 ئادەم ترانسپورت، ئايروپىلان مۇلازىمىتى ئېنگلىز تىلى بويىچە باشلانغۇچ دەرىجىلىك گۇۋاھنامىغا ئېرىشتى، 47 ئادەم ھەر قايسى كەسىپلەردىن ئىنگلىز تىلى بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىك گۇۋاھنامىغا ئېرىشتى. جەمئىيەتكە يۈزلىنىپ 16 نەپەر ساپاسى يۇقىرى، نەتىجىسى ياخشى ئوقۇغۇچى ئۇچقۇچىلىق مەكتىپىگە قوبۇل قىلىندى.

چۇي جيەنپىڭ

## ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر

1999 ـ يىلى ئۈرۈمچى بېيجىڭ بېلەت سېتىش ئورنى «مەملىكەت بويىچە مەدەنىي ئورۇن بەرپا قىلىشتىكى 500 كۈچلۈك ئورۇننىڭ بىرى» دېگەن نامغا؛ خوتەن ئايروپىلان ئىستانسىسى «مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار، نەمۇنە كوللېكتىپ» دېگەن نامغا؛ 2 / 9101 نۆۋەتچى ئايروپىلان «مەملىكەت بويىچە مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن» دېگەن نامغا؛ ترانسپورت بۆلۈمى يولۇچى توشۇش باشقارمىسى ئۈنىۋېرسال مۇلازىمەت ئىشخانىسىنىڭ ئىش سوراش ئىسمىنا گۇرۇپپىسى «مەملىكەت بويىچە كەسپىي ئەخلاقتا ياخشى 100 ئىسمىنا گۇرۇپپىسىنىڭ بىرى» دېگەن نامغا؛ پىلان باشقارمىسى «مەملىكەت بويىچە تۇراقلىق مۇلۈككە سېلىنغان مەبلەغنى ستاتىستىكا قىلىش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن» دېگەن نامغا ئېرىشتى؛ ئىدارە ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىغا جۇڭگو خەلق ئاۋىئاتسىيىسى باش ئىدارىسى «مەملىكەت بويىچە خەلق ئاۋىئاتسىيىسىنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ» دەپ نام بەردى؛ خەۋەرلىشىش، يول باشلاش ئۇچۇر باشقارمىسى پارتكومى «مەملىكەت بويىچە خەلق ئاۋىئاتسىيىسىدىكى ئىلغار ئاساسىي قاتلام پارتكومى» دېگەن نامغا ئېرىشتى؛ ئۇچقۇچىلار 2 ـ چوڭ ئەترىتىنىڭ 1 ـ ئوتتۇرا ئەترىتى، ئۇچقۇچىلار چوڭ ئەترىتىنىڭ 86 — ئىل ئوتتۇرا ئەترىتى «مەملىكەت بويىچە خەلق ئاۋىئاتسىيىسىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

ئۇچقۇچىلار بۆلۈمىدىكى لى خەيياڭ مەملىكەتلىك «1 ـ ماي» ئەمگەك مېدالىغا، «مەملىكەت بويىچە خەلق ئاۋىئاتسىيە ئەمگەك نەمۇنىچىسى» دېگەن نامغا؛ ج خ ئىدارىسىدىكى زايىر رەسۇل «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر خەلق ساقچىسى» دېگەن نامغا؛ ئۇچقۇچىلار بۆلۈمىدىكى مەريەم نىياز «2 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ھەر مىللەت ياشلار ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتىدىكى نەمۇنە شەخس» دېگەن نامغا؛ ترانسپورت بۆلۈمىدىكى ما يۈنخاڭ «شىنجاڭنى ئېچىش، گۈللەندۈرۈش مېدالى»غا؛ ترانسپورت بۆلۈمىدىكى كېرىمە ياقۇپ «شىنجاڭ 3 ـ قېتىملىق ھەر مىللەت ياشلار ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتىدىكى ئىلغار شەخس» دېگەن نامغا؛ ئايرودروم كاپالەتلەندۈرۈش بۆلۈمىدىكى ليۇ شىبىڭ «مەملىكەت بويىچە خەلق ئاۋىئاتسىيىسىدىكى مۇنەۋۋەر كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئەزاسى» دېگەن نامغا؛ ئىدارە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدىكى گاۋ جياڭ يېڭى جۇڭگو خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ئىشلىرىنىڭ 50 يىللىقى فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسىنىڭ ئالاھىدە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

لو گۇيچيۇ

## 14 ئۇچقۇچى خەلق ئاۋىئاتسىيىسى باش ئىدارىسى تەرىپىدىن تەقدىرلەندى

1999 ـ يىلى شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتىدىن ۋاڭ شياڭجۇن، جاڭ چىبىن، فېي تەيكۇي، ياڭ جىڭداۋلارغا جۇڭگو خەلق ئاۋىئاتسىيە باش ئىدارىسى «بىخەتەر ئۇچقۇچى» ئالتۇن مېدالى ۋە «تۆھپىكار ئۇچقۇچى» دەپ نام بەردى.

ليۇ شۇيلىن، جياڭ يۈەنكاڭ، فۇ پۈيەن، خۇاڭ كەيفۇ، لۇڭ شۈيياڭ، ياۋ يىنخۇا، ياۋ شياڭمىڭ، شىن گۇيباۋ، جۇ يىبياۋ، لى رۇيخۇالار بىخەتەر ئۇچقۇچىلار ئالتۇن مېدالىغا ئېرىشتى.

لو گۇيچيۇ

# پوچتا ـ تېلېگراف

## تېلېگراف كەسپى

1999 ـ يىلى شىنجاڭ تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليارد 985 مىليون 848 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆزئۆن يوللۇق تېلېفون كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 995 مىليون 608 مىڭ يۈەن. شەھەر ئىچى تېلېفونىنىڭ تىجارەت سوممىسى 938 مىليون 569 مىڭ يۈەن، قەرەللىك خەۋەرلىشىش كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 38 مىليون 880 مىڭ يۈەن. شىنجاڭ بويىچە تېلېگراف كەسپىي كىرىمى 2 مىليارد 207 مىليون 670 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شىنجاڭ بويىچە تېلېگراف تارماقلىرىنىڭ كىرىم ـ چىقىم پەرقىدە چىقىم پەرقى 766 مىليون 310 مىڭ يۈەن

بولدى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تېلېگراف تۇراقلىق مۈلكى ئۈچۈن 920 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئوپتىك كابېل غول لىنىيە قۇرۇلۇشى يەنىمۇ تېزلىتىلدى. شىنجاڭدىن سىرتقا چىقىدىغان 2 - ئوپتىك كابېل قۇرۇلۇشى، كورلا - غۇلجا ئايلانما يول ئوپتىك كابېل قۇرۇلۇشى پۈتۈپ، ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭ ئوپتىك كابېل غول لىنىيىسى بىلەن لەنجۇ — ئۈرۈمچى، ئۈرۈمچى — غۇلجا ئوپتىك كابېل غول لىنىيىسىنىڭ سىغىمچانلىقىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلدى، ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ بېزا ئوپتىك كابېل تورى قۇرۇلۇشى تېزلىتىلدى. ۋىلايەت بىلەن ناھىيىلەر ئوتتۇرىسىدىكى تېلېفون سىم يوللىرىدىن تاشقورغان، چەرچەندىن باشقىلىرىنىڭ پۈتۈنلەي ئوپتىك كابېللاشتۇرۇلۇپ بولدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 1 -، 2 - دەرىجىلىك ئوپتىك كابېل غول لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 9400 كىلومېتىرغا، شەھەر ئىچى تور ئارىلىق ئوپتىك كابېلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 18 مىڭ كىلومېتىرغا يەتتى. تېلېفون تور قۇرۇلۇشى بىلەن سىفىرلىق خەۋەرلىشىش تورى قۇرۇلۇشى ۋە قۇرۇلمىنى تەڭشەش يېڭى ئىلگىرىلەشكە ئېرىشتى، ئۈرۈمچى 2 - ئۇزۇن يوللۇق تېلېگراف تۈگۈنلۈك بىناسى ۋە 4 - باسقۇچلۇق ياپونىيە قەرز پۇلى بىلەن 510 مىڭ ئۈچلۈق كوممۇتاتور سىغىمچانلىقىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى پۈتتى؛ ئۈرۈمچى قاتارلىق 6 سۇنئىي ھەمراھ ئارقىلىق ئالاقىلىشىش يەر يۈزى پونكىتىنىڭ سىغىمچانلىقىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى پۈتتى، يېڭىدىن ئاقسۇ، قۇمۇل، كورلىدا سۇنئىي ھەمراھ ئارقىلىق ئالاقىلىشىش يەر يۈزى پونكىتى قۇرۇلدى؛ جامائەت كۆپ ۋاستىلىك خەۋەرلىشىش تورىنىڭ سىغىمچانلىقىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى دەسلەپكى تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە يېڭىدىن 11 مىڭ 500 ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون سىم يولى كۆپەيتىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون سىم يولى 40 مىڭ 800گە يەتتى؛ ئۇزۇن يوللۇق كوممۇتاتور سىغىمچانلىقى 104 مىڭ توچكىغا يەتتى؛ ئىدارە ئىشلىتىدىغان كوممۇتاتوردا يېڭىدىن 280 مىڭ توچكا كۆپەيدى، توچكا 2 مىليون 490 مىڭغا يەتتى؛ يېڭىدىن 1176 سىفىرلىق ۋە كۆپ ۋاستىلىك خەۋەرلىشىش ئۈچى كۆپەيدى، سىغىمچانلىقى 9633 كە يەتتى. بىر يىلدا يېڭىدىن 282 مىڭ تېلېفون ئورنىتىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئورنىتىلغان تېلېفون 1 مىليون 475 مىڭغا يەتتى. ئاپتونوم رايوندا مۇقىم تېلېفوننىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى %10.5 كە يەتتى. تېلېگراف پىشاڭ تورى قۇرۇلۇشىنىڭ سالمىقى ئاشۇرۇلدى. ئۈرۈمچىنىڭ 15 $C_3$ ئىدارىنىڭ 7 - نومۇرلۇق ئۈدۈل ئالاقىسى ۋە ئۈدۈل ئالاقە تورى پۈتتى؛ ئاپتونوم رايون ئىچىدە ۋاقىت ماس قەدەم تورى قۇرۇلدى، شەھەر تېلېفونى ئۇنىۋېرسال كەسىپنى كومپيۇتېر ئارقىلىق باشقۇرۇش سىستېمىسى ۋە «97 قۇرۇلۇشى» بىر تېلېگراف باش ئىدارىسى بىلەن شەھەر تورى مەركىزىنىڭ تىلىك لىنىيىلىك بىرلەشمە تورى ۋە نۇسخىسىنىڭ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلۈپ بولدى؛ ئۇزۇن يوللۇق تېلېگرافنىڭ 3 - باسقۇچلۇق تور تۈرۈبا قۇرۇلۇشى ۋە شەھەر تورىنىڭ تۈرۈبىسىنى نازارەت قىلىش، تىزگىنلەش سىستېمىسى قۇرۇلۇشى پۈتتى. تورلارنىڭ ئىشلەش سۈپىتى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، ئۈرۈمچى شەھىرى تورى ئۇزۇن يوللۇق تېلېفوننىڭ ئۇلىنىش نىسبىتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %52.40 بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 3.74 پىرسەنت پونكىت ئۆستى؛ ئاپتونوم رايون ئىچىدىن سىرتقا ئۇرۇلغان تېلېفونلارنىڭ ئۇلىنىش نىسبىتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %68 — %46 بولۇپ، 5.47 پىرسەنت پونكىتى ئۆستى؛ ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون يولىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىش نىسبىتى %1.5 تىن تۆۋەنگە چۈشۈرۈلدى، تورلارنىڭ ئىشلەش سۈپىتىنىڭ تۇراقلىق كۆرسەتكۈچلىرىدە يىللىق پىلان ئورۇندالدى.

سى جيەنفېي

## خەۋەرلىشىش كەسپىنىڭ باشقۇرۇلۇشى

1999 - يىلى شىنجاڭ بىلەن ئاممىۋى خەۋەرلىشىش تورى بىرلەشمە تورىنىڭ مەخسۇس خەۋەرلىشىش تورى 29 غا يەتتى، 267 مىڭ توچكىلىق مەخسۇس تور كوممۇتاتورىنى ئاممىۋى تور بىلەن ئاپتوماتىك بىرلەشمە تورلاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، تىجارەت تېلېگراف كەسپىنى قويۇۋېتىش داۋامىدا سىمسىز چاقىرغۇ ئىستانسىسى 19 غا، چاقىرغۇ ئابونىتى 1 مىليون 124 مىڭغا يەتتى؛ تىجارەت تېلېفون ئۇچۇر مۇلازىمەت كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىش تەستىقلانغان ئورۇن 6 گە، كومپيۇتېر ئۇچۇر مۇلازىمىتى ئورنى بىرگە يەتتى، ئاپتونوم رايوننىڭ بىرلەشمە تورىدىكى سىمسىز چاقىرغۇ ئىستانسىلىرى، تېلېفون ئۇچۇر مۇلازىمىتى ئىستانسىلىرىغا مەخسۇس نومۇر سەپلەپ بېرىلدى. ش ئۇ ئا ر خەۋەرلىشىش كەسپىنى باشقۇرۇش ئىشخانىسى بىلەن ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، سۈپەت تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى ئۈرۈمچى تېلېگراف ئۈسكۈنىلىرى بازىرىنى تەكشۈرۈپ، ئۇچۇر سانائىتى مىنىستىرلىكى بەلگىلىگەن «تورغا كىرىش ئىجازەتنامىسى» بەلگىسى ۋە تورغا كىرىش ئىجازىتى بەلگىسى كۆچمە تېلېفوندىن 8 نى، تورغا كىرىش بەلگىسى يوق سىمسىز تېلېفوندىن 12 نى ئېنىقلىدى؛ ئاپتونوم رايوندىكى مال باھاسىنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش تارماقلىرىغا ماسلىشىپ ئاپتونوم رايون بويىچە تېلېگراف ھەققىنى تەكشۈرۈپ، ئىستېمالچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق -

مەنپەئەتىنى قوغىدىدى.

سى جيەنفېي

## يېزا تېلېفونى

1999 - يىلى شىنجاڭ بويىچە يېزا تېلېفونىغا 300 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، يېڭىدىن 2500 كىلومېتىر يېزا تېلېفونى ئوپتىك كابېلى ئورنىتىلدى، بۇنىڭ بىلەن يېزا تېلېفونى ئوپتىك كابېلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 18 مىڭ 500 كىلومېتىرغا يەتتى؛ كوممۇتاتورنىڭ سىغىمچانلىقى 146 مىڭ توچكا كۆپەيدى، يېزا تېلېفون كوممۇتاتورلىرىنىڭ سىغىمچانلىقى 788 مىڭ توچكىغا يەتتى؛ يېڭىدىن كۆپەيگەن يېزا تېلېفون ئابونېنتى 96 مىڭ 900 گە، ئومۇمىي ئابونېنت 420 مىڭ 900 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، تۇرالغۇ ئۆي تېلېفونى %62.86نى ئىگىلەيدۇ، يېزا تېلېفونىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى %3.8 كە يەتتى؛ %98.3 يېزا - بازارغا، بىڭتۇەننىڭ %97.8 تۈەن - مەيدانىغا، %54.6 مەمۇرىي كەنتكە تېلېفون ئۇلاندى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئاپتوماتىك تېلېفون ئابونېنتى %99.95نى ئىگىلەيدۇ. تېلېفونلۇق يېزا - بازار 30 غا، تېلېفونلۇق تۈەن - مەيدان 18 گە، تېلېفونلۇق كەنت 445كە، تېلېفونلۇق ليەندۈي 291گە يەتتى.

سى جيەنفېي

## سانلىق مەلۇمات ئالاقىسى

1999 - يىلى شىنجاڭ بويىچە سانلىق مەلۇماتلىق خەۋەرلىشىش تورىدا سېفىرلىق سانلىق مەلۇمات تورىنىڭ سىغىمچانلىقىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى پۈتتى، 8 تايانچلىق ئۈگىنىڭ ئۈگە بويىچە بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى دەرىجىسى ئۆستۈرۈلدى، 6 ئۈلگە ئاپپاراتى كۆپەيتىلدى، 700 ئابونېنت نۇقتىغا كۆپەيتىپ كىرگۈزۈلدى؛ 15 ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ، شىخەنزە شەھىرىنىڭ جامائەت تېلېگراما تورى تېخنىكىسىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى پۈتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە سانلىق مەلۇماتلىق ۋە كۆپ ۋاستىلىك خەۋەرلىشىش يېڭىدىن 1176 نۇقتا كۆپىيىپ، ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 9633 نۇقتىغا يەتتى، سانلىق مەلۇمات خەۋەرلىشىش ئاساسىي كەسىپ (گۇرۇپپىلاشتۇرۇلغان كوممۇتاتور، سېفىرلىق سانلىق مەلۇمات تورى) ئابونېنتى 4180 گە يېتىپ، 1998 - يىلنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 1.7 ھەسسىسىگە تەڭلەشتى؛ قىممەتنى ئاشۇرۇش كەسپى (169 كۆپ ۋاستىلىك خەۋەرلىشىش، 163 خەلقئارا ئىنتېرنېت تورى) ئابونېنتى 320 مىڭغا يېتىپ، 1998 - يىلدىكىنىڭ 3.6 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە گۇرۇۋە تېپىدىكى سانلىق مەلۇمات خەۋەرلىشىش تورلىرىدا 10 ئابونېنت يېڭىدىن كۆپىيىپ، ئومۇمىي سانى 30غا يەتتى؛ ئۈرۈمچى «يېڭى يىپەك يولى» قىزىق لىنىيىسى ئېچىلغاندىن كېيىن، بارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ۋە بىر قىسىم ناھىيىلەردىكى زور بىر تۈركۈم ئۇچۇر مۇلازىمەت تورلىرى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى؛ «ھۆكۈمەت تورغا كىرىش» قۇرۇلۇشىنىڭ سالمىقى تېخىمۇ تېزلىتىلدى، جۇڭگو پوچتا - تېلېگرافىنىڭ تېلگراف باش ئىدارىسى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنى ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك، بايىنغولىن ئوبلاستلىق، سانجى ئوبلاستلىق، ئىلى ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرىنى «ھۆكۈمەت تورغا كىرىش» قۇرۇلۇشى نۇقتىدا سىناق قىلىنىدىغان ئورۇن قىلىپ، يۇمشاق، قاتتىق دېتالغا مەبلەغ سېلىش، خادىملارنى تەربىيىلەش، توك يوللىرىنى ئۇلاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئېتىبار بېرىدىغان ۋە يۆلەيدىغان بولدى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە «ھۆكۈمەت تورغا كىرگەن» ئورۇن 20گە يېقىنلاشتى.

سى جيەنفېي

## يانتېلېفون ئالاقىسى

1999 - يىل 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى شىنجاڭ يان تېلېفون خەۋەرلىشىش شىركىتى رەسمىي قۇرۇلدى. بىر يىلدا 199 مىڭ 700 ئابونېنت قوشۇلدى، بۇنىڭ بىلەن ئومۇمىي ئابونېنت 326 مىڭغا يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %110 ئاشتى، بازارنى ئىگىلەش نىسبىتى %96كە يەتتى.

1. كەسپىي مۇناسىۋەت راۋانلاشتى، يان تېلېفون ئالاقىسى كەسپى سىجىل ئاشتى. شىركەتنىڭ بازار ئىگىلىكى خىزمىتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش ئۈچۈن، كەسپىي خىزمەتنى باشقۇرۇش چارىسى، يان تېلېفون ھەققىنى باشقۇرۇش چارىسى، ئىستاتىستىكا خىزمىتىنى باشقۇرۇش چارىسى، ئۆلچەش كارتوچكىسىنى، كارتوچكا تەكشۈرۈش ماشىنىسىنى باشقۇرۇش چارىسى، SIM كارتوچكىسىنى باشقۇرۇش چارىسى قاتارلىقلار تۈزۈپ چىقىلدى. ئابونېنتلارغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش، باشقۇرۇشقا ئاسان بولۇش ئاساس قىلىنىپ، كەسپىي ئىش تەرتىپى ئاددىيلاشتۇرۇلدى، ۋاكالىتەن ساتقۇچىلار بىلەن بولغان كەسپىي، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت تەرتىپكە سېلىنىپ قېلىپلاشتۇرۇلدى. «1860» تېلېفونى يولغا قويۇلۇشتىن بۇرۇن، شۆبە شىركەتلەر ئەرز - شىكايەت مۇلازىمىتى تېلېفونىنى تەسىس قىلدى. زور سومىلىق تاپشۇرۇلمىغان ھەق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، شىركەت يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە قەرزنى ئىندىقلاش مەركىزى ۋە قەرز سۈيلەش گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، ئابونېنتلارنىڭ ماتېرىيالىنى ئومۇمىيۈزلۈك رەتلەپ چىقىپ، قەرزنى ئىندىقلاشنىڭ سالمىقىنى ئاشۇردى. كەسپىي تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئاساسەن، شىركەت ئۆز ئورنىدىكى تورلار بىلەن كەسىپ ۋە تورلار ئارا ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالىدى.

2. تورلارنى سەرخىللاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىلدى،

تورلارنىڭ ئىشلەشتىكى سۈپەت ئەھۋالى ياخشى بولدى. شىركەت تور قۇرۇلمىسىنى سەرخىللاشتۇرۇش ۋە تەڭشەشنى بۆسۈش ئىزىنى قىلدى. ئىشنى ئەنئەنىۋى ئاسراش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشتىن باشلاپ، تارقاق باشقۇرۇلىدىغان ئاسراش شەكلىدىن پەيدىنپەي ئاپتوماتلاشقان مەركەزلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش شەكلىگە ئۆتتۈپ، شىنجاڭ يان تېلېفون خەۋەرلىشىش تورىنى سەرخىللاشتۇرۇپ، ئاسراش سىستېمىسىنى بەرپا قىلدى. 99' ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى، دۆلەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش، ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشى قاتارلىق مەزگىللەردىكى مۇھىم خەۋەرلىشىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى. نۇرغۇن قېتىم ئۆلچەش ئارقىلىق، 2000 - يىل ئىش ۋاقىت سائىتى بىخەتەر، ئوڭۇشلۇق ئۆتتى.

3. خادىملار تەربىيىلىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، قوشۇننىڭ ساپاسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. شىركەت تىجارەت ئايرىلغاندىن كېيىنكى غەيرىي يان تېلېفون كەسپىي خادىملىرى كۆپ بولۇش، ئىش ئورنىدا ئۆزگەرتىش چوڭ بولۇش ۋە شىركەتلەرنى جىپسىلاشتۇرۇش جەريانىدا نۇرغۇن خادىملار ئىش ئورنىدا ئۆز كەسپىنى قىلالماسلىق، خىزمەتتە بوشىشىپ كېتىش قاتارلىق ئەھۋاللارنى كۆزدە تۇتۇپ، مالىيە، ماركېتىڭ، ئەمگەك مائاش، ئاخىرقى ئۈچ رېمونتى قاتارلىق 8 كەسپنىڭ مۇناسىۋەتلىك خادىملىرىنى تەربىيىلىدى. 14 قارار ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ، 468 ئادەم (قېتىم) نى تەربىيىلىدى.

4. مەبلەغ مۇۋاپىق يۈرۈشتۈرۈلۈپ، ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى ياخشىلاندى. شىركەت كارخانىلارنىڭ يېڭىدىن تەشكىللەنگەنلىكى، ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنىڭ ئاددىيلىقىدەك ئەمەلىي ئەھۋاللارغا ئاساسەن، مەبلەغ باشقۇرۇش، يۈرۈشتۈرۈشنى كۈچەيتتى، مالىيە كىرىم - چىقىم يوللىرىنى چىڭىتتى، ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدە بولىسىغان چىقىملارنى قاتتىق تىزگىنلەپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە قۇرۇلۇش مەبلىغىگە نۇقتىلىق كاپالەتلىك قىلدى، 8200 يۈەنلىك ناچار ھېساباتنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلدى، مالىيە ئىنتىزامى، مۇپەتتىشلىك تۈزۈمىنى چىڭىتىپ، مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، كەسپىي تەرەققىيات جەھەتتە نۇقتىلىق قۇرۇلۇش مەبلىغىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلدى.

لى ۋېنجۈن

## سىمسىز تېلېگرافنىڭ باشقۇرۇلۇشى

1999 - يىلى شىنجاڭ بويىچە سىمسىز تېلېگراف ئىستانسا - پونكىتى 388 مىڭ 800 گە يېتىپ (ھەربىي ئىشلار سىستېمىسىنىڭ بۇنىڭ سىرتىدا)، 1998 - يىلدىكىدىن 100.7% ئاشتى؛ ھەرخىل سىمسىز تېلېگراف تارقىتىش ئۈسكۈنىسى 393 مىڭغا يېتىپ، 99.3% ئاشتى. ھەرخىل سىمسىز تېلېگراف كەسپلىرى ئىچىدە يان تېلېفون ئابونتى 345 مىڭ 700 گە يېتىپ، 109.5% ئاشتى؛ سىمسىز چاقىرغۇ ئاساسىي پونكىتى 609 غا يەتتى، چاقىرغۇ ئابونتى 1 مىليون 60 مىڭغا يېتىپ، 42.6% ئاشتى؛ سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق خەۋەرلىشىش يەر شارى پونكىتى (سۈنئىي ھەمراھ يان تېلېفونى بۇنىڭ سىرتىدا) 304 كە يېتىپ، 77.8% ئاشتى. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى سىمسىز تېلېگراف باشقۇرۇش تارماقلىرى ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە سىمسىز تېلېگراف ئىستانسىلىرىنى، كانال ۋە ئۈسكۈنىلەرنى، ئىستانسا قۇرغان 1502 ئورۇن، 25 مىڭ 632 ئىستانسىنى تەكشۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە مۇقىم ئىستانسا 8773 بولۇپ، 83.3% ى تەكشۈرۈلدى؛ قائىدە - نىزامغا خىلاپ قۇرۇلغان 61 ئىستانسا تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. 164 ئىستانسا قۇرۇش رەسمىيىتى تولۇقلاپ بېجىرىلدى؛ 5134 ئۈسكۈنە كېرەكسىز قىلىندى ياكى ئىشلىتىشتىن توختىتىلدى، 112 دانە چوڭ قۇۋۋەتلىك سىمسىز تېلېفون تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى؛ 30 كانال تەڭشەلدى؛ 547 كانال قايتۇرۇۋېلىندى. سىمسىز چاقىرغۇ كەسپىنى باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر سىمسىز تېلېگراف باشقۇرۇش كومىتېتى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سىمسىز چاقىرغۇ چاستوتا ئىستانسىسى، پونكىتلىرىنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» نى تۈزۈپ چىقىپ، ئاپتونوم رايوندىكى (تاق چاستوتا ئىشلىتىدىغانلىرى بۇنىڭ سىرتىدا) 29 چاقىرغۇ كەسپى تىجارەت ئورنى ئىگىلەپ ئىشلىتىۋاتقان 48 چاستوتا نومۇرىنى قايتا تىزىملىدى، ش ئۇ ئا ر سىمسىز تېلېگراف باشقۇرۇش كومىتېتى ئىشخانىسى ئورۇنلاشتۇرۇپ بەرگەن 23 چاقىرغۇ ئىستانسىسىنىڭ 33 چاستوتىنى ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلدى. ھاۋا بوشلۇقى تېلېگراف دولقۇنىنىڭ تەرتىپىنى قوغداش خىزمىتى ئىخچام ياخشى ئىشلەندى، سىمسىز تېلېگراف كاشىلىغا ئۇچرىغانلىق توغرىسىدىكى ئەرزدىن 79 ى قاراپ چىقىلدى، ئۇنىڭ 63 ى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى ۋە بىر تەرەپ قىلىندى.

سى جيەنفېي

## شىنجاڭ «گوشىن» خەۋەرلىشىش چەكلىك شىركىتىنىڭ تىجارەت ئەھۋالى

1999 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭ «گوشىن» چاقىرغۇ شىركىتىنىڭ نامى شىنجاڭ «گوشىن» خەۋەرلىشىش چەكلىك شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى. شىركەتنىڭ ئابونتى 631 مىڭ 639 غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى شەھىرى تورىنىڭ ئابونتى 243 مىڭ 249 غا، ئۆلكە تورىنىڭ ئابونتى 350

مىڭ 181 گە، 150 مىگا گېرتسلىق مەملىكەتلىك تورنىڭ ئابونىتى 27 مىڭ 418 گە، 280 مىگا گېرتسلىق مەملىكەتلىك تورنىڭ ئابونىتى 10 مىڭ 791 گە يەتتى. بىر يىلدا يېڭىدىن كۆپەيگەن ئابونىت 262 مىڭ 147 گە يەتتى، ساپ كۆپەيگەن ئابونىت 170 مىڭ 154 كە يېتىپ، يىللىق پىلاننىڭ %85.1ى ئورۇندالدى. بازار ئىگىلەش نىسبىتى %63 بولدى. 280 مىگا گېرتسلىق مەملىكەتلىك تورلارنىڭ ئاپتوماتىك ئۇلىنىش نىسبىتى %100، ئادەم كۈچى ئارقىلىق ئۇلىنىش نىسبىتى %98 بولدى، بىرلەشمە تورغا ئۇلىنىش نىسبىتى %93.5 بولدى. ئاپتونوم رايون بويىچە تورلاشقان 150 مىگا گېرتسلىق ئاپتوماتىك چاقىرغىنىڭ ئۇلىنىش نىسبىتى %97.3، ئادەم كۈچى بىلەن ئۇلىنىش نىسبىتى %94.3، بىرلەشمە تورغا ئۇلىنىش نىسبىتى %94.6 بولدى؛ شۇ جايدىكى تورغا ئاپتوماتىك ئۇلىنىش نىسبىتى %99، ئادەم كۈچى ئارقىلىق ئۇلىنىش نىسبىتى %98.56 بولدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر ئىشچى - خىزمەتچى 2496 گە، خادىملارنىڭ يىللىق ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 68 مىڭ 400 يۈەنگە يەتتى.

تىجارەت تور - نۇقتا قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇش بىلەن بىللە، ئۈزلۈكسىز تۈردە يېزىغا قاراپ بازار ئېچىپ، چاقىرغۇ تەرەققىياتىنىڭ يېڭى باشلىنىش نۇقتىسىنى تېپىپ چىقتى. شىركەت تىجارەت تور - نۇقتىلىرى قۇرۇلۇشىنى كەسپىي تەرەققىياتنى تېزلىتىش، مۇلازىمەتنى ياخشىلاشتىكى مۇھىم خىزمەت سۈپىتىدە تۇتۇپ، ۋاكالىتەن بېجىرىش، ۋاكالىتەن سېتىش كەسپىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇردى، ۋاكالىتەن بېجىرىش، ۋاكالىتەن سېتىش نۇقتىلىرى ھەممە ناھىيە، شەھەرلەرنى قاپلىدى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە سېتىش تور - نۇقتىسى 261 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆزى بېجىرىدىغان نۇقتا 41، ۋاكالىتەن بېجىرىش نۇقتىسى 220.

ئاپتونوم رايونىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانلىرىنىڭ نوپۇسى كۆپ، تارقىلىشى كەڭ بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئاساسەن، بازار تەكشۈرۈلۈپ ئىنچىكە تەھلىل قىلىنىپ، بازار ئېھتىياجى ۋە تەلەپ ئىگىلەندى، تەشۋىقات ئارقىلىق يول ئېچىش، سېتىش، ئەگىشىپ مېڭىش تەدبىرى قوللىنىلىپ، يېزا بازارلىرى تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. بىڭتۈەننىڭ تۇنجى چاقىرغۇ ئاپپاراتى لىيەندۈيى قۇرۇلدى، بىر يىلدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانلىرىدىكى ئابونىتلار 1166 گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 3.7 ھەسسە ئاشتى.

قەشقەر، ئىلى، خوتەنلەردىكى شۆبە شىركەتلەر شۇ جايدا ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئالاھىدىلىككە ئاساسەن، بازار تەرەققىياتىغا ئۇيغۇنلىشىش، جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئۇيغۇرچە چاقىرغۇ

ئىستانسىسى قۇردى.

1999 - يىلى قۇرۇلۇشقا 71 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، سىستېمىنىڭ يېڭىدىن كېڭەيتىلگەن سىغىمچانلىقى 855 مىڭ ئابونىتقا يەتتى، يېڭىدىن 215 ئاساسىي پونكىت كۆپەيتىلىپ، تور سىغىمچانلىقى كېڭەيتىلىشتىن بۇرۇنقىنىڭ 2 ھەسسىسىگە يەتتى، 280 مىگا گېرتسلىق يۇقىرى سۈرئەتلىك تور بىر سىستېمىدىن 3 سىستېمىغا كېڭەيتىلدى، سىغىمچانلىقى 200 مىڭ ئابونىتتىن 600 مىڭ ئابونىتقا يەتتى؛ ئاپتونوم رايون بويىچە 126 تورنىڭ سىغىمچانلىقى ئۆزگەرتىلىش ئارقىلىق 455 مىڭ ئابونىت كۆپەيتىلدى. نۆۋەتتە ماركېتىڭ تور قۇرۇلۇشىغا 15 مىليون 340 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، ئۈسكۈنىلەر قۇراشتۇرۇلۇشقا باشلىدى، 2000 - يىل 2 - ئايدا ئىشقا كىرىشتۈرۈلىدۇ. ماركېتىڭ تورىنىڭ قۇرۇلۇشى ھازىرقى كەسىپ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى تۈزۈل - كېسىل ئۆزگەرتىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە كەسپىي باشقۇرۇشنىڭ تورلىشىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.

ۋېي چيۇشىڭ

## ئۈرۈمچى 2 - تېلېگراف تۈگۈنى

بۇ قۇرۇلۇش 1999 - يىل 12 - ئاينىڭ 22 - كۈنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى. قۇرۇلۇشنىڭ كۆلىمى 65 مىڭ 385 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 353 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. قۇرۇلۇش تېلگراف ئاساسىي ئاپپارات بىناسى، تىجارەت زالى، شەھەر تېلېفونى بىناسى، قوشۇمچە بىنادىن ئىبارەت 4 قىسىمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ قۇرۇلۇش سۈپەتلىك قۇرۇلۇش بولۇپ باھالاندى.

سى جيەنفېي

## شىنجاڭدىن سىرتقا چىقىدىغان 2 - ئوپتىك كابېل خەۋەرلىشىش غول لىنىيىسى پۈتتى

1999 - يىل 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى دۆلەت 1 - دەرىجىلىك غول لىنىيە قۇرۇلۇشىنىڭ شىنجاڭدىن سىرتقا چىقىدىغان 2 - ئوپتىك كابېل خەۋەرلىشىش غول لىنىيىسى قۇرۇلۇشى پۈتۈپ جۇڭگو پوچتا - تېلېگراف باش ئىدارىسى تەشكىللىگەن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى. شىنجاڭدىن سىرتقا چىقىدىغان 2 - ئوپتىك كابېل خەۋەرلىشىش غول لىنىيىسىنىڭ شىنجاڭ بۆلىكى ئۈرۈمچىدىن كورلىغىچە، كورلىدىن چاقىلىققىچە، چاقىلىقتىن ماڭنىياغىچە بولغان ئوپتىك كابېل خەۋەرلىشىش غول لىنىيىسىدىن تەركىب تاپتى. قۇرۇلۇش ئۈرۈمچىدىن باشلىنىپ، تۇرپان، توقسۇن، خوشۇت، خېجىڭ، قارا شەھەر، كورلا، لوپنۇر، چاقىلىق ئارقىلىق ماڭنىياغا تۇتاشتۇرۇلدى. ئوپتىك كابېل

لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1374.6 كىلومېتىر كېلىدۇ. قۇرۇلۇشقا 120 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شىنجاڭدىن سىرتقا چىقىدىغان 2 - ئوپتىك خەۋەرلىشىش غول لىنىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدىنقى باسقۇچتا ئېلىپ بېرىلغان شىئەن — لەنجۇ — ئۈرۈمچى ۋە لەنجۇ — شىنىڭ — لاسا قاتارلىق ئوپتىك كابېل خەۋەرلىشىش غول لىنىيىلىرى بىلەن ئۇلىنىشى خەۋەرلىشىش تورى قۇرۇلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تورنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە جانلىقلىقىنى ئاشۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، بۇ قۇرۇلۇش يەنە ئاسىيا - ياۋروپا ئوپتىك كابېل سىستېمىسىنى ئۈنۈملۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈش يولى بىلەن تەمىنلەپ، ئۇنىڭ ئومۇميۈزلۈك بىخەتەر ۋە ئىشەنچلىكلىكىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

سى جيەنفېي

## جەنۇبىي - شىمالىي شىنجاڭ ئوپتىك كابېل غول لىنىيىسىنىڭ سىغىمچانلىقىنى كېڭەيتىش، ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى دەسلەپكى تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى

1999 - يىل 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭ ئوپتىك كابېل غول لىنىيىسىنىڭ سىغىمچانلىقىنى كېڭەيتىش، ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى دەسلەپكى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى. قۇرۇلۇشقا 21 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. قۇرۇلۇشنىڭ سىغىمچانلىقى كېڭەيتىلىدىغان قىسمى ئۈرۈمچىدىن قەشقەرگىچە، قەشقەردىن خوتەنگىچە، ئۈرۈمچىدىن قارامايغىچە، قارامايدىن ئالتايغىچە، قارامايدىن تارباغاتايغىچە بولۇپ، ئوپتىك كابېل ئارقىلىق يەتكۈزۈش سىستېمىسىنىڭ سىغىمچانلىقى كېڭەيتىلىپ ۋە تولۇق سەپلىنىپ ئوپتىك كابېل ئاخىرقى ئۇچىدىكى ئاساسلىق پونكىتلارنىڭ 2 مېگا گېرتسلىق ئۈچ سانىدىن 4419 ى كۆپەيتىلدۇ؛ قۇرۇلۇشى ئۆزگەرتىلگەن قىسمىنىڭ ئوپتىك كابېلىنىڭ پۈتۈن لىنىيە بويىچە ئىشلىشى، نازارەت قىلىش، تىزگىنلەش سىستېمىسى سەرخىللىشىدۇ، بىر قىسىم يۇمشاق دېتال نۇسخىسىنىڭ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلدۇ. جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭ ئوپتىك كابېل غول لىنىيىسىنىڭ سىغىمچانلىقىنى كېڭەيتىش، ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ئاپتونوم رايوننىڭ تېلېگراف تورىنىڭ خەۋەرلىشىش ئىقتىدارىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى، ئىشلەش ئۈنۈمىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈردى.

سى جيەنفېي

## ئۈرۈمچى — كورلا — غۇلجا ئوپتىك كابېل خەۋەرلىشىش قۇرۇلۇشى

1999 - يىل 12 - ئايدا شىنجاڭ 2 - دەرىجىلىك غول لىنىيە خەۋەرلىشىش قۇرۇلۇشى، ئۈرۈمچى — كورلا — غۇلجا ئوپتىك كابېل خەۋەرلىشىش قۇرۇلۇشى پۈتۈپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنىپ رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. بۇ ئوپتىك كابېل ئۈرۈمچى — غۇلجا ئوپتىك كابېل لىنىيىسى بىلەن ئايلانما يول ھاسىل قىلدى ھەمدە ئاسىيا - ياۋروپا ئوپتىك كابېلى، شىنجاڭدىن سىرتقا چىقىدىغان 2 - ئوپتىك كابېل، جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭ ئوپتىك كابېلى قاتارلىق لىنىيىلەرنى تۇتاشتۇردى. 19 ئىدارە، پونكىت تەسىس قىلىندى. لىنىيىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1255 كىلومېتىر. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈشى لىنىيە ياقىسىدىكى رايونلارنىڭ خەۋەرلىشىش سىغىمچانلىقىنى ئاشۇرۇش، شىمالىي شىنجاڭ رايونى ئوپتىك كابېل غول لىنىيىسىنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە ئىشەنچلىكلىكىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

سى جيەنفېي

## پوچتا ئالاقىسى

1999 - يىل — شىنجاڭ پوچتىسى مۇستەقىل ئىشلىگەن تۇنجى يىل. بۇ بىر يىلدا پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 290 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 11.3%؛ كەسپىي تىجارەت كىرىمى 534 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 26.12% ئاشتى؛ كىرىم - چىقىم پەرقى 446 مىليون يۈەن بولۇپ، زىيان 100 مىليون يۈەن ئازايدى؛ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 16.93% ئاشتى.

1999 - يىلى شىنجاڭ پوچتىسى خەۋەرلىشىش قۇرۇلۇشى ۋە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنى تازا چىڭ تۇتتى، پوچتا تورىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى پائال ئىلگىرى سۈردى، ئاپتونوم رايون بويىچە پوچتا ئۇنىۋېرسال كومپيۇتېر تورى قۇرۇلۇشىنىڭ گۋاڭيۇ تورىنى لايىھىلەش ئىشى پۈتتى ھەمدە ئۈسكۈنىلەر قۇراشتۇرۇلۇشقا باشلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى مەملىكەتلىك پوچتا كومپيۇتېر ئۇنىۋېرسال كەسپىنىڭ گۋاڭيۇ تورى بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك تۇتاشتۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە يېشىل كارتۇچكا تور - نۇقتىسى 140قا يەتتى، كۈيتۇڭ بىلەن كورلىدىن ئىبارەت جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭ مەركىزى ئېچىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە پوچتا ئىدارىسى، پوچتىخانا 1373كە يەتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئېلېكترونلاشتۇرۇلغان تىجارەت تور - نۇقتىسى 510؛ 5 - ئايدا ئۈرۈمچى پوچتا يوللانمىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش مەركىزىي ئىدارىسى قۇرۇلدى. يىل ئاخىرىغىچە قومۇل، ئىلى قاتارلىق 9 مەركىزىي ئىدارىنىڭ كەسپىي ئىقتىدارىمۇ ئارقا - ئارقىدىن تەڭشىلىپ، پۈتۈن مۇساپىنىڭ مەشغۇلات ئۈنۈمى ۋە تور باشقۇرۇش سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر دەرىجىلىك پوچتا يوللىرى، ئۈسكۈنىلىرى ۋە ئايرىش، پېچەتلەپ تارقىتىش مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي ئاساستا

مۇۋاپىق تەڭشەلدى، نەتىجىدە ئاپتونوم رايون بويىچە پوچتا ئارقىلىق تارقىتىلىدىغان ئاساسلىق گېزىت - ژۇرناللار 15 ناھىيە، شەھەردە شۇ كۈنى يەتكۈزۈلىدىغان بولدى، 30 ناھىيە، شەھەردە ئەتىسى يەتكۈزۈلىدىغان بولدى.

1999 - يىلى شىنجاڭ پوچتىسى ئالىي مەكتەپلەر قوبۇل قىلغان ئوقۇغۇچىلارغا ئەۋەتكەن چاقىرىق قەغىزىنى ئالاھىدە تېز يەتكۈزۈش مەخسۇس كەسپى، كىملىكنى تېز يەتكۈزۈش كەسپى، پوچتا ئارقىلىق سېتىۋېلىش كەسپى، خەلقئارا جىددىي خەت - چەكلەرنى جىددىي يەتكۈزۈش كەسپى، پوچتا مۇھلەتلىك خەت - ئالاقە كەسپى، سۇغۇرتا رەسمىيىتىنى ۋاكالىتەن بېجىرىش، ياشانغانلار كۆتۈنۈش پۇلىنى ۋاكالىتەن تارقىتىپ بېرىش قاتارلىق يېڭى كەسپلەرنى يولغا قويدى ھەمدە ئاپتونوم رايون بويىچە خەت - ئالاقە ئېلانى، پوچتا ئارقىلىق سېتىۋېلىش، تېز يەتكۈزۈش قائىدە - مۇراسىمى، گېزىت - ژۇرنال، ئۈن - سىن، ئامانەت توپلاش، پوچتا ماركىسى توپلاش قاتارلىق كەسپلەردە مەخسۇسلاشقان تىجارەت پەيدىنپەي يولغا قويۇلۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ تۈرلۈك پوچتا كەسپىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

يۈ شىشەن، گو چىجى

## خەت - چەك كەسپى

1999 - يىلى شىنجاڭ پوچتىسى بىر تەرەپ قىلغان خەت - چەك 56 مىليون 166 مىڭ 300 بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن %22 ئازىيىپ كەتتى. خەت - چەك كەسپىدىن قىلىنغان كىرىم 42 مىليون 360 مىڭ يۈەن بولۇپ، %9.32 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە سودا خەت - چەك كەسپى كىرىمى 726 مىڭ 200 يۈەنگە يەتتى. كارخانا ئاتكرىتكىسىدىن 2 مىليون 890 مىڭنى ياساپ، %180 ئاشۇردى. 3 مىليون 20مىڭ دانە مۇكاپاتلىق ئاتكرىتكا، 2 مىليون 65 مىڭ دانە كارخانا ئېلانى ئاتكرىتكىسى ياسىدى. كەسپ دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن 15 ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىنىڭ 26 تىجارەت تور - نۇقتىسىدا سۈرۈكلۈك خەت - چەكلەرنى ئەۋەتىش كەسپى، 11 ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدا سۈرۈكلۈك خەت - چەكلەرنى يەتكۈزۈش كەسپىنى يولغا قويدى.

يۈ شىشەن، گوچىجى

## پوچتا يوللانمىلىرى كەسپى

1999 - يىلى شىنجاڭ پوچتىسى يەتكۈزگەن مەملىكەت ئىچى پوچتا يوللانمىسى 1 مىليون 723 مىڭغا يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %15.7 ئاشتى؛ پوچتا يوللانمىلىرىنى توشۇش كەسپىدىن قىلىنغان كىرىم 39 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %20.13 ئاشتى. شىنجاڭ پوچتىسى بازار ئەھۋالى ۋە ئابونېنتلارنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، سودا پوچتا يوللانمىسى كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش سالمىقىنى ئاشۇردى. تۇرپان، قۇمۇل، سانجى، ئاقسۇ قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى ئۆز يېرىنىڭ بايلىق ئۈستۈنلۈكى ۋە جۇغراپىيىلىك ئۈستۈنلۈككە تايىنىپ، پاختا، ئۆچكە تىۋىتى، قۇرۇق ئۈزۈم يىغىۋېلىش پەسلىدە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىشىك ئالدىغا بېرىپ ئابونېنتلارنى بىر يۈرۈش مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەپ، پوچتا يوللانمىسى كەسپىنىڭ زور ھەجىمدە ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

يۈ شىشەن، گو چىجى

## پوچتا تېز يوللانمىسى

1999 - يىلى شىنجاڭ پوچتىسى يەتكۈزگەن تېز يوللانما 1 مىليون 172 مىڭغا يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %15.38 ئاشتى. پوچتا تېز يەتكۈزۈش كەسپىدىن قىلىنغان كىرىم 39 مىليون 20 مىڭ 100 يۈەنگە يېتىپ، %30 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىچكى تېز يەتكۈزۈش كەسپىدىن قىلىنغان كىرىم 27 مىليون 254 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %28.8؛ خەلقئارا تېز يەتكۈزۈش كەسپىدىن قىلىنغان كىرىم 2 مىليون 118 مىڭ 300 يۈەنگە يېتىپ، %0.15؛ پوچتا قائىدە - يوسۇن كەسپىدىن قىلىنغان كىرىم 8 مىليون 827 مىڭ 700 يۈەنگە يېتىپ، %161.2 ئاشتى.

1999 - يىلى پوچتا بىلەن تېلېگراف ئايرىۋېتىلگەندىن كېيىن، شىنجاڭ پوچتا تېز يەتكۈزۈش ئىدارىسى قۇرۇلدى. ئىدارە شىنجاڭ پوچتا تېز يەتكۈزۈش كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، 5 - ئاينىڭ 18- كۈنى ش ئۇ ئا ر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشخانىسى بىلەن ئالىي مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ چاقىرىق قەغىزىنى ئالاھىدە تېز يەتكۈزۈش كەسپى بويىچە كېلىشىم ئىمزالاپ، بىر يىلدا ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغان 95 مىڭ 300 ئوقۇغۇچىنىڭ چاقىرىق قەغىزىنى ئالاھىدە تېز يەتكۈزۈپ بەردى. جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى بىلەن بىرلىشىپ كىملىكنى تېز بېجىرىش كەسپىنى يولغا قويۇپ، بىر يىلدا 1800 كىملىك بېجىردى. ئاپتونوم رايون بويىچە ناھىيىدىن يۇقىرى 88 پوچتا ئىدارىسىدا پوچتا قائىدە - يوسۇن كەسپى يولغا قويۇلدى ھەمدە مەملىكەتلىك تور بىلەن بىرلەشتۈرۈلدى. 1999 - يىلى شىنجاڭ پوچتىسى يەنە قانۇنغا ئائىت ماتېرىياللارنى يېزىپ بېرىش، سۇغۇرتا رەسمىيىتىنى ۋاكالىتەن بېجىرىپ بېرىش، ئەمگەك كېسەنامىسىنى، دوختۇرخانىنىڭ لابوراتورىيىلىك تەكشۈرۈش قەغىزىنى ۋاكالىتەن يەتكۈزۈپ بېرىش، ئايروپىلان بېلىتىنى ۋاكالىتەن سېتىۋېلىپ ۋاكالىتەن يەتكۈزۈپ بېرىش، شوپۇرلۇق كىنىشكىسىنى ۋاكالىتەن يەتكۈزۈپ بېرىش قاتارلىق رايون خاراكتېرلىك ئالاھىدە تېز يەتكۈزۈش كەسپى ۋە

ئوخشاش شەھەر ئالاھىدە تېز يەتكۈزۈش كەسپىنى يولغا قويدى.

يۇ شىشەن، گو چىجى

## پوچتا پۇل ئامانىتى، پۇل پېرېۋوتى

1999 - يىلى شىنجاڭ پوچتىسىنىڭ پۇل ئامانىتى 5 مىليارد 960 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 626 مىليون يۈەن ئاشتى. پوچتا پۇل ئامانىتى كەسپىدىن قىلىنغان كىرىم 146 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 30 مىليون 740 مىڭ يۈەن كۆپىيىپ، پوچتا كىرىمىنىڭ %34.27نى ئىگىلەپ، 1998 - يىلدىكىدىن 2.18 پىرسەنت پوئېنتى ئاشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە پوچتا پۇل پېرېۋوت كەسپى بېجىرگەن پۇل پېرېۋوت قىلىش تالونى 7 مىليون 103 مىڭ 400 بولۇپ، %87.11 ئاشتى. بىر يىلدا بېجىرىلگەن چەت ئەلدىن ئەۋەتىلگەن پېرېۋوت تالونى 135 كە، سوممىسى 90 مىڭ 100 يۈەنگە يەتتى.

1999 - يىلى پوچتا پۇل مۇئامىلىسىنى ئېلېكترونلاشتۇرۇش ۋە يېشىل كارتوچكا قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمى تېزلىتىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە يېشىل كارتوچكا تور - نۇقتىسى كۆپىيىپ 348 گە يەتتى. شىنجاڭ پوچتا پۇل ئامانىتىنى نازارەت قىلىش ئىشىنى كومپيۇتېر ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىش سىستېمىسى ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. پوچتا ھېسابقا كىرگۈزۈپ پۇل پېرېۋوت قىلىش، قائىدە - يوسۇن پۇل پېرېۋوتى كەسپى يولغا قويۇلدى. 20 دۆلەت ۋە رايون بىلەن خەلقئارا نەقلەشتۈرۈش، پېرېۋوت قىلىش كەسپى يولغا قويۇلدى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 16 ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى، 416 ئورۇندىكى پوچتا تارماق ئىدارىسى سۇغۇرتىنى ۋاكالىتەن بېجىرىش كەسپىنى يولغا قويۇپ، 147 مىڭ ئائىلىنى سۇغۇرتىغا قاتناشتۇردى، 1 مىليون 260 مىڭ يۈەن سۇغۇرتا ھەققى يىغدى. 6 ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى ياشانغانلار كۈتۈنۈش پۇلىنى ۋاكالىتەن تارقىتىپ بېرىش كەسپىنى يولغا قويۇپ، 11 مىڭ ئائىلىنىڭ 8 مىليون 461 مىڭ 600 يۈەن پۇلىنى ۋاكالىتەن تارقىتىپ بەردى. 446 ئورۇندىكى 44 مىڭ ئادەمگە 55 مىليون 580 مىڭ يۈەن مائاشنى ۋاكالىتەن تارقاتتى. 8 مىليون 230 مىڭ يۈەن تېلېگراف ھەققىنى ۋاكالىتەن يىغىپ بەردى. 234 مىڭ يۈەن باج پۇلى ۋە تېلېفون پۇلىنى ۋاكالىتەن تاپشۇردى.

يۇ شىشەن، گو چىجى

## پوچتا ئارقىلىق سېتىۋېلىش

1999 - يىلى شىنجاڭ پوچتىسى پوچتا ئارقىلىق سېتىۋېلىش ئېلان ئىدارىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭ پوچتىسىنىڭ پوچتا ئارقىلىق سېتىۋېلىش كەسپى ئاپتونوم رايون بويىچە 15 ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى ۋە شىخەنزە شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدە ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 201 پوچتا ئارقىلىق سېتىۋېلىش تور - نۇقتىسى قۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - بازار تور - نۇقتىسى 75، يېزا تور - نۇقتىسى 126. يەنە پوچتا ئارقىلىق سېتىۋېلىشقا مال سەپلەش مەركىزى قۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە پوچتا ئارقىلىق مال سېتىۋېلىش تور، نۇقتىلىرىغا مال يەتكۈزۈپ بېرىلدى. 1999 - يىلى شىنجاڭ پوچتىسىنىڭ پوچتا ئارقىلىق مال سېتىۋېلىش كەسپىدىن قىلغان كىرىمى 12 مىليون 150 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى.

يۇي شىشەن، گو چىجى

## گېزىت - ژۇرنال تارقىتىش

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە گېزىتكە 336 مىليون مۇشتەرى توپلىنىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %1.3 كۆپەيدى، ژۇرنالغا 25 مىليون 916 مىڭ مۇشتەرى توپلىنىپ، %7.3 ئازايدى. گېزىت - ژۇرنال تارقىتىش كىرىمى 67 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %6.9 ئاشتى.

1999 - يىلى گېزىت - ژۇرنال تارقىتىشتا كەسپلەشكەن تىجارەت يولغا قويۇلدى. شىنجاڭ گېزىت - ژۇرنال، ئۈن - سىن بۇيۇملىرىنى تارقىتىش ئىدارىسى قۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە گېزىت - ژۇرناللارنى پارچە سېتىش تور - نۇقتىسى 834 كە يەتتى، گېزىت - ژۇرناللارنى پارچە سېتىش سوممىسى 220 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە 15 ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى ۋە شىخەنزە پوچتا ئىدارىسىدا يەنە كىتابلارنى ۋاكالىتەن سېتىش كەسپى يولغا قويۇلدى. 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە گېزىت - ژۇرناللارنىڭ مۇشتەرى سانى ھەر 100 ئادەمگە 3.23 تىن توغرا كەلدى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەرنىڭ 31 نۇسخا، يېزىنىڭ 10 نۇسخا.

يۇ شىشەن، گو چىجى

## پوچتا ماركىسى توپلاش ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە توپلانغان پوچتا ماركىسى 73 مىليون 88 مىڭ بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن %3.5 ئازايدى، پوچتا ماركىسى توپلاش كەسپي كىرىمى 118 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %86.10 ئاشتى. پوچتا ماركىسى توپلاش بۇيۇمىدىن كىرگەن كىرىم 52 مىليون 737 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، پوچتا ماركىسى توپلاش كەسپى كىرىمىنىڭ %9.44 نى ئىگىلىدى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە پوچتا ماركىسى توپلاش جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى 70 مىڭ 655 كە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 1155 ئەزا كۆپەيدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ناھىيە دەرىجىلىك پوچتا ماركىسى توپلاش جەمئىيىتى

73 كە يېتىپ، 12 سى كۆپەيدى، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيىدىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك پوچتا ماركىسى توپلاش تەشكىلاتى تورى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى. 15 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە شىخەنزە شەھىرىدە پوچتا ماركىسى توپلاش جەمئىيىتىنىڭ مەخسۇس ھەيئىتى قۇرۇلدى. 4 ـ ئايدىن 12 ـ ئايغىچە، بورتالا، بايىنغولىن، قىزىلسۇ، ئىلى، ئالتاي، تۇرپان، شىخەنزە، كۈيتۇڭ، قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ قاتارلىق 11 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ماركا توپلاش كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزدى، كۆرگەزمىنى 150 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) ئېكسكۇرسىيە قىلدى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 46 ناھىيىدىمۇ ئوخشاش بولمىغان كۆلەمدە ماركا توپلاش كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلدى. بېيجىڭدا ئېچىلغان «1999 ـ يىللىق دۇنيا پوچتا ماركىسى توپلاش كۆرگەزمىسى» دە شىنجاڭدىن ئەۋەتىلگەن 3 يۈرۈش ماركا ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە «جۇڭگو مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى پوچتا ماركىسى» ماركا توپلاش بويىچە ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، «شىنجاڭنىڭ پوچتا تارىخى» ۋە «قۇياش» تىن ئىبارەت 2 يۈرۈش ماركا ماركا توپلاش بويىچە ئالتۇن ھەل مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

يۈ شىشەن، گو چىجى

## ئۈرۈمچىدىكى «يېشىل كارتوچكا قۇرۇلۇشى» ئاخىرقى تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى

ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىنىڭ يېشىل كارتوچكا قۇرۇلۇشى سىستېمىسى 1999 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئاپتونوم رايوندىكى پوچتا تارماقلىرى ئاخىرقى تەكشۈرۈش ئۆتكۈزۈۋېلىش ھەيئىتى ۋە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش مەخسۇس گۇرۇپپىسىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. بۇ قۇرۇلۇش 1996 ـ يىل 7 ـ ئايدا باشلىنىپ، شۇ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى سىناق تەرىقىسىدە ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن. 1997 ـ يىل 4 ـ ئايدا رەسمىي تىجارەتكە كىرىشتۈرۈلگەن. 1999 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر بۇ سىستېما 66 تور، نۇقتا، 22 ئاپتوماتلاشقان پۇكەي كومپيۇتېر تورى بىلەن بىرلەشتۈرۈلدى ھەمدە بېيجىڭ، شاڭخەي، دالىيەن قاتارلىق 23 شەھەر بىلەن قەرەلسىز پۇل ئامانىتى چېكىگە بىر تۇتاش پۇل ئامانەت قويۇش، بىر تۇتاش پۇل ئېلىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. بۇ قۇرۇلۇش سىستېمىسىنىڭ ئىقتىدارى مۇقىم، ئىشەنچلىك، مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش قۇلاي، ئىقتىدارى تولۇق.

يۈ شىشەن، گو چىجى

## ئۈرۈمچى پوچتا يوللانمىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش مەركىزىي ئىدارىسى قۇرۇلدى

ئۈرۈمچى پوچتا يوللانمىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش مەركىزىي ئىدارىسى 1999 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى قۇرۇلدى. بۇ مەركەز ئەسلىدىكى شىنجاڭ پوچتا ترانسپورت ئىدارىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىنىڭ پوچتا يوللانمىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش مەركىزى، خەلقئارا پوچتا يوللانمىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش مەركىزى بىرلەشتۈرۈلگەن ئاساستا قۇرۇلغان، ئۇ پوچتا يوللانمىلىرىنى ئايرىپ بېجىرىپ بىر تەرەپ قىلىش ۋە ترانسپورتنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان مۇستەقىل ئىشلەپچىقىرىش ئورنى. پوچتا رايونىنىڭ دائىرىسى ئۈرۈمچى شەھىرى، ئۈرۈمچى ناھىيىسى، سانجى، قۇتۇبى، سىچۈەن، فۇكاڭ، جىمسار، گۈچۈڭ، مورى، شىخەنزە، ساۋەن، ماناس، شىخو، كۈيتۇڭ، جىڭ، ئارشاڭ، بورتالا، مايتاغ قاتارلىق شەھەر، رايون، ناھىيىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

يۈ شىشەن، گوچىجى

## شىنجاڭ سودا خەت ـ چېكى ئىشلەش مەركىزى قۇرۇلدى

شىنجاڭ پوچتا سودا خەت ـ چېكى ئىشلەش مەركىزى 1999 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. بۇ مەركەز كۈنىگە 50 مىڭ دانە سودا خەت ـ چېكىنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە. ئۇنىڭدا يەنە مەملىكەت بويىچە ھەر قايسى ساھەلەرنىڭ نام، ئادرېس ئامبىرى قۇرۇلۇپ، 10 مىليون نام، ئادرېس توپلاندى. يىل ئاخىرىغىچە، سودا خەت ـ چېكى مەركىزى «تىنچ ئوكيان» سۇغۇرتا شىركىتى، جۇڭگو ئۆمۈر سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى، جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى، شىنجاڭ ئاكسىيە شىركىتى، تۇرپان تېلېگراف ئىدارىسى قاتارلىق نۇرغۇن كارخانا بىلەن پوچتا يوللانمىلىرىنى ئەۋەتىش ھېسابات تالونى ئىشلەش كېلىشىمى ئىمزالىدى، 393 مىڭ 200 دانە ھەرخىل ھېسابات تالونى سودا خەت ـ چېكى ئىشلىدى.

يۈ شىشەن، گو چىجى

## مۇئاۋىن مىنىستىر چۈي ۋېيجى شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى

دۆلەت ئۇچۇر كەسپى مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى چۈي ۋېيجى 1999 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى شىنجاڭغا كېلىپ ئاپتونوم رايونىنىڭ ئۇچۇرلاشتۇرۇش مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۆرگەزمىسى مەزگىلىدە ئۈرۈمچى شەھەرلىك تېلېگراف ئىدارىسىنى كۆزدىن كەچۈردى.

سى جيەنفېي

# شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى

## شەھەر قۇرۇلۇشى

### شەھەر قۇرۇلۇشى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندا تەسىس قىلىنغان شەھەر 19غا يەتتى، بۇنىڭ 17 سى ناھىيە دەرىجىلىك شەھەر. شەھەر مەمۇرىيىتى جامائەت مۇئەسسەسىلىرى قۇرۇلۇشىدا تۇراقلىق مۈلۈككە 1 مىليارد 539 مىليون 780 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇ 1998 - يىلدىكىدىن 157 مىليون 520 مىڭ يۈەن ئاز. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 849 مىليون 110 مىڭ يۈەن بولۇپ، 302 مىليون 720 مىڭ يۈەن ئازايدى؛ يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 690 مىليون 670 مىڭ يۈەن بولۇپ، 145 مىليون 200 مىڭ يۈەن كۆپەيدى. سېلىنغان مەبلەغنى كەسىپلەر بويىچە ئايرىغاندا، شەھەرلەرنى سۇ بىلەن تەمىنلەشكە 175 مىليون 200 مىڭ يۈەن، ئاممىۋى قاتناش ئىشلىرىغا 73 مىليون 630 مىڭ يۈەن، يېقىلغۇ گاز بىلەن تەمىنلەشكە 133 مىليون 470 مىڭ يۈەن، ئىسسىتىشقا 230 مىليون 10 مىڭ يۈەن، يول قۇرۇلۇشىغا 398 مىليون 600 مىڭ يۈەن، يۇندا چىقىرىۋېتىشكە 152 مىليون 760 مىڭ يۈەن، كۆۋرۈك سېلىشقا 30 مىليون 300 مىڭ يۈەن، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىشكە 1 مىليون 20 مىڭ يۈەن، باغۇارانلاشتۇرۇش - كۆكەرتىشكە 222 مىليون 940 مىڭ يۈەن، مۇھىت تازىلىقىغا 26 مىليون 750 مىڭ يۈەن، باشقا ئىشلارغا 95 مىليون 280 مىڭ يۈەن ئىشلىتىلدى. ئەمەلىيەتتە نەقلەشكەن مەبلەغ 1 مىليارد 395 مىليون 380 مىڭ يۈەن بولۇپ، بۇ پۈتكۈن ئىش مىقدارىنىڭ %6. 90نى ئىگىلىدى. 1999 - يىلى 1 مىليارد 72 مىليون 910 مىڭ يۈەنلىك تۇراقلىق مۈلۈك كۆپەيدى.

شەھەرلەرنى سۇ بىلەن تەمىنلەش   سۇ بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى كۈنىگە 38 مىڭ كۇب مېتىر ئاشۇرۇلدى؛ 1. 67 كىلومېتىر سۇ تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلدى؛ ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەرلەردە تۇرۇبا سۈيىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى % 14. 98كە يەتتى؛ تۇرمۇشقا ئىشلىتىلىدىغان سۇ ھەربىر كىشىگە كۈنىگە 50. 160 لىتىردىن توغرا كەلدى.

شەھەرلەرنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش (ئىسسىق سۇ بىلەن ئىسسىتىش) ئىقتىدارى 3. 178 مېگاۋات ئاشتى؛ 4. 32 كىلومېتىر ئىسسىتىش تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلدى.

شەھەر ئاممىۋى قاتناش ئىشلىرى   418 كوچا ئاپتوبۇسى كۆپەيتىلدى؛ ئۆلچەملىك كوچا ئاپتوبۇسى شەھەرلەردە ھەر 10 مىڭ كىشىگە 8. 12 دىن توغرا كېلىدىغان بولدى.

شەھەر يوللىرى   8. 50 كىلومېتىر يول كېڭەيتىپ ياسالدى، كېڭەيتىلگەن كۆلەم 3. 125 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى؛ يول ھەربىر كىشىگە 9. 4 كۋادرات مېتىردىن توغرا كەلدى.

يۇندا چىقىرىۋېتىش   6. 29 كىلومېتىر يۇندا تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلدى؛ ھەر بىر كۋادرات كىلومېتىر يەردىكى يۇندا تۇرۇبىسىنىڭ زىچلىقى 85. 3 كىلومېتىرغا يەتتى. يۇندىنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىش نىسبىتى %66. 62كە يەتتى.

شەھەرلەردىكى پۇختا كۆۋرۈك   يېڭىدىن 7 پۇختا كۆۋرۈك سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە كوچا - يوللاردىن ئۆتىدىغان كۆتەرمە كۆۋرۈك 5.

شەھەرلەرنى يېقىلغۇ گاز، سۇيۇقلاندۇرۇلغان نېفىت گازى بىلەن تەمىنلەش   130 كىلومېتىر تەبىئىي گاز تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلدى. سۇيۇقلاشتۇرۇلغان نېفىت گازى ساقلاش ئىقتىدارى 6481 توننىغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1999 - يىلى كۆپەيتىلگىنى 38 توننا. شەھەرلەردە گاز ئىشلىتىشنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى %5. 92كە يەتتى.

شەھەرلەرنى باغۇارانلاشتۇرۇش - كۆكەرتىش ئەھۋالى   كۆكەرتىلىش نىسبىتى %43. 27كە يەتتى. ئاممىۋى كۆكلەملەيدان كىشى بېشىغا 21. 6 كۋادرات مېتىردىن توغرا كەلدى.

شەھەر مۇھىت تازىلىقى   تۈرلۈك مۇھىت تازىلىقى ماشىنىلىرى 763 كە يەتتى. 28 مىليون 848 مىڭ كۋادرات مېتىر كۆلەم ئەمەلىي تازىلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە ماشىنا بىلەن تازىلانغان كۆلەم 3 مىليون 556 مىڭ كۋادرات مېتىر. 2 مىليون 674 مىڭ توننا ئەخلەت، 250 مىڭ توننا گەندە توشۇلدى. ئاممىۋى ھاجەتخانا 1640 قا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يۇيۇلىدىغان ھاجەتخانا 1053، ئەخلەت، گەندىلەرنىڭ

زىيانسىزلاندۇرۇلۇش نىسبىتى %87كە يەتتى.

لياڭ يۇمېي

## شەھەرلەر ئارا «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇسابىقىسى

1999 - يىل 3 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇسابىقىسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى 1996 - يىلدىن 1998 - يىلغىچە ئاپتونوم رايوندىكى شەھەرلەر ئارا ئۆتكۈزۈلگەن «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇسابىقىسىنى خۇلاسىلەش ۋە تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچى، كورلا، سانجى، ئاقسۇ، غۇلجا، قۇمۇل شەھەرلىرىگە «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇسابىقىسىدە مۇنەۋۋەر شەھەر» دەپ نام بەردى؛ پىچان، قۇتۇبى، ساۋەن، تېكەس، بۇرچىن، جىڭ، بۈگۈر، چەرچەن، ئونسۇ، پوسكام، يەكەن، قاراقاش ناھىيە بازارلىرىغا «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇسابىقىسىدە مۇنەۋۋەر ناھىيە بازىرى» دەپ نام بەردى ھەم يۇقىرىقى شەھەر، ناھىيىلەرگە «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» بەردى ۋە ئۇلارنى بىردىن تازىلىق ئاپتوموبىلى بىلەن مۇكاپاتلىدى. شىخەنزە، كۈيتۇڭ، قاراماي، قەشقەر، ئالتاي، شىخو شەھەرلىرىگە «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇسابىقىسىدە ئىلغار شەھەر» دەپ نام بەردى؛ گۇچۇڭ، قورغاس، تېكەس، بۇرۇلتوقاي، قابا، چاغانتوقاي، ئارا تۈرۈك، يەنجى، باي، مارالبېشى، ئۇلۇغچات، لوپ ناھىيە بازارلىرىغا «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇسابىقىسىدە ئىلغار ناھىيە بازىرى» دەپ نام بەردى. ئۈرۈمچى شەھىرىگە سۇ بىلەن تەمىنلەش - سۇ تېجەش لوڭقىسى، شەھەر قۇرۇلۇشى مەبلىغى لوڭقىسى، شەھەر قۇرۇلۇشى ئارخىپى لوڭقىسى، تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھات لوڭقىسى، شەھەردە يولۇچى توشۇشنى باشقۇرۇش لوڭقىسى بەردى؛ كورلا شەھىرىگە شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش لوڭقىسى، شەھەر پىلانلاش لوڭقىسى، شەھەر قىياپىتى - مۇھىت تازىلىقى لوڭقىسى، شەھەرنى يېقىلغۇ گاز بىلەن تەمىنلەش لوڭقىسى، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى لوڭقىسى بەردى؛ سانجى شەھىرىگە شەھەر پىلانلاش لوڭقىسى، شەھەردە يولۇچى توشۇشنى باشقۇرۇش لوڭقىسى، باغۋارانلاشتۇرۇش - كۆكەرتىش لوڭقىسى، شەھەر قىياپىتى - مۇھىت تازىلىقى لوڭقىسى بەردى؛ ئاقسۇ شەھىرىگە سۇ بىلەن تەمىنلەش - سۇ تېجەش لوڭقىسى، شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش لوڭقىسى، شەھەر قىياپىتى - مۇھىت تازىلىقى لوڭقىسى، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى لوڭقىسى بەردى؛ غۇلجا شەھىرىگە باغۋارانلاشتۇرۇش - كۆكەرتىش لوڭقىسى، شەھەر قۇرۇلۇشى مەمۇرىي تەپتىشلىكى لوڭقىسى، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى لوڭقىسى بەردى؛ قۇمۇل شەھىرىگە شەھەر قۇرۇلۇشى ئارخىپى لوڭقىسى، تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھات لوڭقىسى بەردى؛ كۈيتۇڭ شەھىرىگە شەھەرنى يېقىلغۇ گاز بىلەن تەمىنلەش لوڭقىسى، شەھەر قۇرۇلۇشى مەمۇرىي تەپتىشلىكى لوڭقىسى بەردى؛ شىخەنزە شەھىرىگە شەھەردە يولۇچى توشۇشنى باشقۇرۇش لوڭقىسى، باغۋارانلاشتۇرۇش - كۆكەرتىش لوڭقىسى، شەھەر قۇرۇلۇشى مەبلىغى لوڭقىسى بەردى؛ قاراماي شەھىرىگە شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش لوڭقىسى بەردى؛ قەشقەر شەھىرىگە سۇ بىلەن تەمىنلەش - سۇ تېجەش لوڭقىسى بەردى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك قۇرۇلۇش كومىتېتى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق قۇرۇلۇش ئىدارىسى، سانجى ئوبلاستلىق قۇرۇلۇش ئىدارىسى، ئىلى ۋىلايەتلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسى، ئالتاي ۋىلايەتلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسى، تۇرپان ۋىلايەتلىك قۇرۇلۇش ئىدارىلىرىگە «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇسابىقىسىدە مۇنەۋۋەر ئىدارە (قۇرۇلۇش كومىتېتى)» دەپ نام بەردى. كورلا شەھىرىنىڭ باشلىقى راخمان كېرىم، سانجى شەھىرىنىڭ باشلىقى ما جۈچىڭ (خۇيزۇ)، ئاقسۇ شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۇرغۇن ئۆمەر، غۇلجا شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى چېن شۈرېن، قۇمۇل شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئابدۇرېھىم ئابلىزلارغا «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇسابىقىسىدە ئەلا شەھەر باشلىقى» دەپ نام بەردى. پىچان ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى ما شياۋنىڭ، قۇتۇبى ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى جياڭ شيۇشيا (ئايال، خۇيزۇ)، تېكەس ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى يۈجىن (قازاق)، بۇرچىن ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى چېن جياڭ، جىڭ ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى ئەنۋەر، بۈگۈر ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى ۋاڭ جىنفېڭ، چەرچەن ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ساتتار مۇتەللىپ، ئونسۇ ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى ياڭ دۇڭلۇ، پوسكام ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى لىن خۇڭشىن، يەكەن ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى رېن يىچياڭ، قاراقاش ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى جاڭ لىلارغا «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇسابىقىسىدە ئەلا ھاكىم» دەپ نام بەردى. جۇ جيەنپىڭ، گېڭ يۇڭپىڭ، ما جىنشياڭ، پولات قىربايېۋ (قازاق)، جاۋ گاڭ، ئورازقان (قازاق)، لى شاڭلى، گاۋ فېڭ (خۇيزۇ)، جاڭ تۇڭمىڭ، مېڭ فەنشۇ، ھېيتەم ئەزىز، جاڭ چۈن، جاڭ گاڭ، لى شىچاڭ، تاڭ پېيشىن، دىڭ گۇاڭخۇي، خۇاڭ بىن، جاڭ چۈنياۋ، گې مىڭ، خۇاڭ جيەنپىڭ، مى جۈنشې، پېڭ يۇڭلى، جاڭ گۇاڭشەن، تاڭ ۋېيلارغا «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇسابىقىسىدە مۇنەۋۋەر



ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى ئۈرۈمچى شەھىرى جۇڭشەن يولى سودا كوچىسى
سۈي تۇڭ فوتوسى

قۇرۇلۇش ئىدارىسى باشلىقى (قۇرۇلۇش كومىتېتى مۇدىرى)» دەپ نام بەردى. جىن ۋېيتاۋ قاتارلىق 90 كىشىگە «،تەگرىتاغ لوڭقىسى، مۇسابىقىسىدە ئىلغار شەخس» دەپ نام بەردى.

ليالڭ يۇمېي

## باغۋارانلاشقان شەھەر بەرپا قىلىش پائالىيىتى

1999 - يىل 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تۇنجى تۇركۈمدىكى ،ئاپتونوم رايون بويىچە باغۋارانلاشقان شەھەر، ناھىيە بازىرى، غا نام بېرىش توغرىسىدا قارار چىقىرىپ، شىخەنزە، ئاقسۇ، غۇلجا، سانجى شەھەرلىرىگە «ئاپتونوم رايون بويىچە باغۋارانلاشقان شەھەر دەپ، تېكەس ناھىيىسىگە «ئاپتونوم رايون بويىچە باغۋارانلاشقان ناھىيە بازىرى» دەپ نام بەردى ھەم ئۇلارغا «ئاپتونوم رايون بويىچە باغۋارانلاشقان شەھەر، ناھىيە بازىرى» دېگەن لەۋھە بەردى ۋە ئۇلارنى بىردىن باغۋارانچىلىق ماشىنىسى بىلەن مۇكاپاتلىدى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى شىخەنزە شەھىرىدە ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى تۇركۈمدىكى باغۋارانلاشقان شەھەرلەرگە نام بېرىش - تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى، يىغىنغا ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى غوپۇر ئابدۇللا قاتناشتى، ئۇ، ھۆكۈمەتنىڭ نام بېرىش قارارىنى جاكارلىدى ھەم مۇكاپاتقا ئېرىشكەن شەھەر، ناھىيەلەرگە مۇكاپات تارقىتىپ بەردى ۋە شۇنداقلا يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى.

1999 - يىلى قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى شىخەنزە، ئاقسۇ شەھەرلىرىگە «مەملىكەت بويىچە كۆكەرتىشتە ئىلغار شەھەر» دەپ نام بەردى.

ليالڭ يۇمېي

## '99 كۇنمىڭ دۇنيا باغۋەنچىلىك كۆرگەزمىسىدە مۇكاپاتلىنىش ئەھۋالى

قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى 1999 - يىل 11 - ئايدا مەملىكەت بويىچە قۇرۇلۇش سىستېمىسىدىن جۇڭگو '99 كۇنمىڭ دۇنيا باغۋەنچىلىك كۆرگەزمىسىگە پائال تۆھپە قوشقان 23 ئورۇنغا «مەملىكەتلىك قۇرۇلۇش سىستېمىسى بويىچە '99 كۇنمىڭ دۇنيا باغۋەنچىلىك كۆرگەزمىسى مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتى» بەردى، ش ئۇ ئا ر قۇرۇلۇش نازارىتى مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدى؛ شىنجاڭ شەھەر - يېزا پىلانلاش - لايىھىلەش يۇرتى، قەشقەر شەھەرلىك 2 - بىناكارلىق قۇرۇلۇشى شىركىتىگە «مەملىكەتلىك قۇرۇلۇش سىستېمىسى بويىچە '99 كۇنمىڭ دۇنيا باغۋەنچىلىك كۆرگەزمىسىدە ئىلغار كوللېكتىپ (ئورۇن)» دەپ نام بېرىلدى؛ چېن جىندۇڭ (ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش ئەزاسى، قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ سابىق نازىرى، ئالىي پىلانچى)، يارمەمەت (قۇرۇلۇش نازارىتى شەھەر قۇرۇلۇشى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)، شۇ بىن (قۇرۇلۇش نازارىتى شەھەر پىلانلاش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)، ۋاڭ سې (شىنجاڭ شەھەر - يېزا پىلانلاش - لايىھىلەش يۇرتىنىڭ ئالىي ئىنژېنېرى)، ئەيساجان ئېلاخۇن (غۇلجا شەھەرلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسى قۇرۇلۇش باشقۇرۇش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى) لارغا «مەملىكەتلىك قۇرۇلۇش سىستېمىسى بويىچە '99 كۇنمىڭ دۇنيا باغۋەنچىلىك كۆرگەزمىسىدە ئىلغار شەخس» دەپ نام بېرىلدى.

زو شۇشياڭ

## 28 شەھەر، ناھىيە، 55 كىشى مەملىكەت بويىچە شەھەر مۇھىتىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشتە مۇنەۋۋەر (ئىلغار) بولدى

1999 - يىلى قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى قاراماي، كورلا،

شىخەنزە، كۆيتۇڭ، سانجى، ئاقسۇدىن ئىبارەت 6 شەھەرگە ۋە پىچان، بۈگۈر، قۇتۇبى، ساۋەن، پوسكام، تېكەس، يۇرچىن، ئونسۇ، چىڭ، قاراقاش، ئۈلۈغچات، ئاراتۇرۇڭ، گۇچۇڭ، چەرچەندىن ئىبارەت 14 ناھىيىگە «1998 - يىللىق مەملىكەتلىك شەھەر مۇھىتىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشتە مۇنەۋۋەر شەھەر، ناھىيە بازىرى» دەپ نام بەردى؛ ئۈرۈمچى شەھىرىگە ۋە يەكەن، قورغاس، باي، قاغىلىق، يەنجى، ماناس، بۇرۇلتوقايدىن ئىبارەت 7 ناھىيىگە «1998 - يىللىق مەملىكەتلىك شەھەر مۇھىتىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشتە ئىلغار شەھەر، ناھىيە بازىرى» دەپ نام بەردى، تاڭ جيەن، راخمان كېرىم، ياۋ شياۋچىن، چېن يىشىڭ، ما جۇچىڭ (خۇيزۇ)، تۇرغۇن ئۆمەر، ما شياۋنىڭ، ۋاڭ جىنفېڭ، جياڭ شيۇشيا (ئاپال، خۇيزۇ)، جاڭ جيەنگو، لىن خۇڭشىن، يۆجىن (قازاق)، ئەنۋەر، جاڭ لى، ياڭ دۇڭلۇ، يۈ جيەنشىن، ياڭ زۇڭمىڭ، ۋۇ يۇڭيۇ، ساتتار تالىپتىن ئىبارەت 21 كىشىگە «1998 - يىللىق مەملىكەتلىك شەھەر مۇھىتىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشتە مۇنەۋۋەر شەھەر باشلىقى، ھاكىم» دەپ نام بەردى. گو يىكۇن، ۋاڭ شاۋنىڭ، دۇڭ يۇڭچاڭ، لى گاڭ، بو ليەنجۇن، ۋاڭ ۋېي، مەمەت ئوسمان، گاۋ بىڭدىن ئىبارەت 8 كىشىگە «1998 - يىللىق مەملىكەت بويىچە شەھەر مۇھىتىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشتە ئىلغار شەھەر باشلىقى، ھاكىم» دەپ نام بەردى؛ ياڭ شياۋۋېي، گاۋ فېڭ (خۇيزۇ)، چى چىنشېڭ، جاڭ تۇڭمىڭ، مېڭ فەنشۇ، جاڭ گاڭ، گې مىڭ، لى شىچاڭ، تاڭ پېيشىن، پېڭ يۇڭلى، دىڭ گۇاڭخۇي، خۇاڭ بىن، جاڭ چۈەنياۋ، تاڭ ۋېي، مى جۇنشې، گاۋ يەنيۇ، خۇاڭ سەيشيا (ئاپال)، ياڭ جياچىڭ، خۇاڭ جيەنپىڭدىن ئىبارەت 19 كىشىگە «1998 - يىللىق مەملىكەتلىك شەھەر مۇھىتىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشتە مۇنەۋۋەر شەھەر (ناھىيە) لىك قۇرۇلۇش كومىتېتى مۇدىرى (قۇرۇلۇش ئىدارىسى باشلىقى)» دەپ نام بەردى؛ جۇ جيەنپىڭ، جاڭ گۇاڭشەن، تاڭ شياۋرۇڭ، ۋۇ جياچىڭ، مۇختار مامۇت، قاسىم ئوسمان، ليۇ ۋېنفاڭ، چېڭ بىڭشياڭدىن ئىبارەت 8 كىشىگە «1998 - يىللىق مەملىكەتلىك شەھەر مۇھىتىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشتە ئىلغار شەھەر (ناھىيە) لىك قۇرۇلۇش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى (قۇرۇلۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)» دەپ نام بەردى.

لياڭ يۇمېي

## مەملىكەتلىك قۇرۇلۇش سىستېمىسى بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەر

1999 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىن 7 كىشى كادىرلار مىنىستىرلىكى، قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى بەرگەن «مەملىكەتلىك قۇرۇلۇش سىستېمىسى بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى» دېگەن نامغا ئېرىشتى. ئۇلار: خۇ جياسى (شىنجاڭ 1 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى شىگيا شۆبە شىركىتىنىڭ دىرېكتورى)، جاڭ شىشۇ (شىخەنزە شەھەرلىك ئاممىۋى قاتناش شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى)، مېڭ فەنجيې (چۆچەك شەھەرلىك تۇرۇبا سۇيى شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى)، گېڭ گۇاڭشيەن (ئالتاي ۋىلايەتلىك بىناكارلىق باش شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش ئىقتىسادچىسى)، ليۇ شاۋشېڭ (بورتالا شەھەرلىك شەھەر مەمۇرىيىتى يول ئاسراش ئورنىنىڭ مۇدىرى)، ليۇ جيې (قۇمۇل ۋىلايەتلىك قۇرۇلۇشنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش مەركىزىنىڭ ئالىي ئىنژېنېرى)، يۈەن جىنگو (قەشقەر شەھەرلىك ئاپتوبۇس شىركىتىنىڭ دىرېكتورى).

11 كىشى كادىرلار مىنىستىرلىكى، قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى بەرگەن «مەملىكەتلىك قۇرۇلۇش سىستېمىسى بويىچە ئىلغار خىزمەتچى» دېگەن نامغا ئېرىشتى. ئۇلار: جاۋ يۈچىڭ (ئۈرۈمچى شەھەرلىك شەھەر تەكشۈرۈش - ئۆلچەش سىزىش يۇرتىنىڭ باشلىقى)، شۈ لىخەن (بىڭتۈەن سانائەت 1 - شىسىنىڭ ئالىي ئوقۇتقۇچىسى)، پۇ شۇمىڭ (كۆيتۇڭ شەھەرلىك باغ - ئورمانچىلىق باشقارمىسىنىڭ ئىشچىسى)، سۇڭ تىڭجەن (خوتەن شەھەرلىك شەھەر قۇرۇلۇشى مەمۇرىي تەپتىشلىك ئەترىتىنىڭ باشلىقى)، مەمتىلى قۇت (ئاتۇش شەھەرلىك مۇھىت تازىلىقى ئىدارىسىنىڭ ئىشچىسى)، ليۇ ۋېنفاڭ (ماناس ناھىيىلىك شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)، ھېيتەم ئەزىز (غۇلجا شەھەرلىك شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)، لى شاڭلى (تۇرپان ۋىلايەتلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)، گې مىڭ (بۈگۈر ناھىيىلىك شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى ئىدارىسى لايىھىلەش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى)، ۋۇ جياچېڭ (باي ناھىيىلىك شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)، پېڭ يۇڭلى (پوسكام ناھىيىلىك شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى).

زو شۇشياڭ

## يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يەر تەۋرەشكە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، مۇستەھكەم 70 نەچچە تۈرلۈك قۇرۇلۇش قىلىندى، قۇرۇلۇش كۆلىمى 149 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى، بۇلارغا 11 مىليون 290 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېڭى سېلىنغان قۇرۇلۇشلارنىڭ يەر تەۋرەشكە

بەرداشلىق بېرىش، مۇداپىئەلىنىشنى باشقۇرۇش سالمىقى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى. بىرىنچى، 10 ئېگىز ئىمارەتنىڭ قۇرۇلۇش لايىھىسى ۋە قۇرۇلۇش قىلىش چېرتيوژىدىكى يەر تەۋرەشكە بەرداشلىق بېرىش ۋە تەۋرىنىشتىن مۇداپىئەلىنىش تەدبىرلىرى ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەندى، ئۇلار ئاساسىي جەھەتتىن تەلەپكە لايىق چىقتى. ئىككىنچى، ئاپتونوم رايون بويىچە يېقىنقى 2 يىلدىن بۇيان سېلىنغان ئىمارەتلەرنىڭ يەر تەۋرەشكە بەرداشلىق بېرىش، مۇداپىئەلىنىش سۈپىتى تەكشۈرۈلدى، 491 قۇرۇلۇش تەكشۈرۈلدى، ئۇلارنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 1 مىليون 476 مىڭ 800 كۋادرات مېتىر، 453 ى يەر تەۋرەشكە بەرداشلىق بېرىش، مۇداپىئەلىنىش تەلىپىگە ئاساسىي جەھەتتىن ئۇيغۇن چىقتى، لاياقەتلىك نىسبىتى %92.3كە يەتتى. ئۈچىنچى، ھازىر بار بولغان ئىمارەتلەرنىڭ يەر تەۋرەشكە بەرداشلىق بېرىش، مۇداپىئەلىنىش ئەھۋالى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلدى. مەلۇماتقا قارىغاندا، ئاپتونوم رايون بويىچە 20 مىليون كۋادرات مېتىر ئىمارەتنىڭ يەر تەۋرەشكە بەرداشلىق بېرىش، مۇداپىئەلىنىش ئىقتىدارى يېتەرلىك ئەمەس ئىكەن، ئۇلارنى مۇستەھكەملەشكە توغرا كېلىدىكەن. ئىمارەتلەرگە يەر تەۋرەشكە بەرداشلىق بېرىش يېڭى تېخنىكىسى قوللىنىش، يېڭى ماتېرىيال ئىشلىتىش جەھەتتىكى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى، مۇتەخەسسىسلەر تەشكىللىنىپ، يېڭى تېخنىكا سىناق قىلىنىۋاتقان نۇقتىلاردىكى ئىمارەتلەرنىڭ لايىھىسى نەزەرىيە جەھەتتىن دەلىللىنىپ، تەكشۈرۈپ باھالاندى. شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر (گورۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى بىلەن ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە باش زاۋۇتىدىكى سىناق نۇقتىلاردا بىنانىڭ ئۇلىغا رېزىنكە تەگلىك قويۇپ، بىنانى تەۋرىنىشتىن ئايرىۋېتىش تېخنىكىسى قوللىنىلىپ تۇرالغۇ بىنا سېلىندى. تەكشۈرۈپ باھالاش ئارقىلىق مەكىت، يېڭىسار، يوپۇرغا، پەيزاۋات، تاشقورغان ناھىيە بازارلىرىنىڭ يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش پىلانى ماقۇللاندى. قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى ۋە دۆلەت پىلان كومىتېتىدىكى مۇتەخەسسىسلەرگە ياردەملىشىش، ماسلىشىش ئارقىلىق، قەشقەر شەھىرىدىكى كوناشەھەر رايونىنىڭ يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، مەشھۇر تارىخىي مەدەنىيەت شەھىرىنى قوغداش جەھەتتىكى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتى ئىشلەندى. دۆلەت 2000 - يىلدىن باشلاپ قەشقەر شەھىرىدىكى ئىمارەتلەرنىڭ يەر تەۋرەشكە بەرداشلىقىنى مۇستەھكەملەش، كوناشەھەر رايونىدىكى قىسمەن ئاھالىلەر تۇرالغۇسىنى ئۆزگەرتىش، ئۇل مۇئەسسەسە، مۇھىم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە ئەنئەنىۋى تۇرالغۇ رايونىغا مەبلەغ سالىدىغان، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ يەر تەۋرەشكە ئۇنىۋېرسال تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىقتىدارىنى ھەر جەھەتتىن ئاشۇرىدىغان بولدى.

سەي بىن

### ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەش مائارىپى

1999 - يىلى چوڭچاڭ بىناكارلىق ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شىنجاڭ ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇتۇش پونكىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن يەنە شىئەن بىناكارلىق پەن - تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ۋۇخەن شەھەر قۇرۇلۇشى ئىنستىتۇتىنىڭ شىنجاڭ ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇتۇش پونكىتلىرى قۇرۇلدى. شىنجاڭ پىلانلاش ئالىي تېخنىكوم سىنىپىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. بۇ ئالىي مەكتەپلەر ۋە شەھەر پىلانلاش ئالىي تېخنىكوم سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى 2508 گە يەتتى، بۇلار ئاپتونوم رايوننىڭ قۇرۇلۇش ساھەسىگە يۇقىرى قاتلام قۇرۇلۇش ئىختىساسلىقلىرىنى يېتىشتۈرۈشتە يېڭى كۈچ قوشتى. يىل ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە قۇرۇلۇش كەسپىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىسى 1800 گە يەتتى.

ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش سىستېمىسىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر مائارىپى بويىچە تەربىيىلەش مەركىزى شۇنداقلا سانجى ئوبلاستلىق، بايىنغولىن ئوبلاستلىق، ئۈرۈمچى شەھەرلىك، قاراماي شەھەرلىك، شىخەنزە شەھەرلىك تەربىيىلەش ئورگانلىرى ۋە شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇشى گۇرۇھى تەربىيىلەش ئورگىنى تەربىيىلىگەن 40 نەچچە مىڭ ئادەم (قېتىم) گە گۇۋاھنامە بەردى، بۇ ئارقىلىق خىزمەتتىن بۇرۇنقى ۋە خىزمەتتىن كېيىنكى تەربىيىلەشنى ماس راۋاجلاندۇرۇش ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى. شىنجاڭ كېمەك - ياغاچ قۇرۇلمىلىق بىناكارلىق ئىلمىي جەمئىيىتى دۆلەتنىڭ 10 تۈرلۈك قۇرۇلۇش يېڭى تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش، قۇرۇلۇش قانۇنى، قائىدە - نىزامى ۋە يېڭى ئۆلچەم، يېڭى ئەندىزە ئۆگىنىشنى مەزمۇن قىلغان ھالدا، قۇرۇلۇش ساھەسىدىكى كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنى داۋاملىق تەربىيىلەش خىزمىتىنى ئىشلىدى، نەتىجىدە تۆۋەن، ئوتتۇرا، ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا خادىمىدىن 1300 نەچچىنى تەربىيىلىدى.

جاڭ لىنيەن

# كەنت - بازار قۇرۇلۇشى

## كەنت - بازار پىلانلاش

ئاپتونوم رايون بويىچە 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ناھىيە بازىرىدىن باشقا شىتاتلىق بازار 113، بازار 709، كەنت 24

مىڭ 36، بۇنىڭ ئىچىدە كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى (مەركىزىي كەنتنى دېمەكچى) 10 مىڭ 60. ئاپتونوم رايون بويىچە كەنت ـ بازارلاردىكى ئائىلە 2 مىليون 668 مىڭ 600، نوپۇس 11 مىليون 656 مىڭ 500. بۇنىڭ ئىچىدە شتاتلىق بازاردىكى ئائىلە 257 مىڭ 600، نوپۇس 1 مىليون 53 مىڭ 300، بازارلاردىكى ئائىلە 443 مىڭ 100، نوپۇس 1 مىليون 959 مىڭ 600، كەنتلەردىكى ئائىلە 1 مىليون 967 مىڭ 900، نوپۇس 8 مىليون 643 مىڭ 600. ئاپتونوم رايون بويىچە شتاتتىكى 103 بازارنىڭ ئومۇمىي پىلانى تۈزۈلدى، بۇ شتاتتىكى بارلىق بازارنىڭ 91.15%نى ئىگىلەيدۇ؛ شتاتتىكى 87 بازارنىڭ قۇرۇلۇش پىلانى تەڭشەلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، بۇ شتاتتىكى بارلىق بازارنىڭ 76.99%نى ئىگىلەيدۇ؛ 556 بازارنىڭ ئومۇمىي پىلانى تۈزۈلدى، بۇ بارلىق بازارنىڭ 78.42% نى ئىگىلەيدۇ؛ سودا بولىدىغان 383 بازارنىڭ قۇرۇلۇش پىلانى تەڭشەلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، بۇ سودا بولىدىغان بارلىق بازارنىڭ 54.02%نى ئىگىلەيدۇ؛ 13 مىڭ 688 كەنتنىڭ قۇرۇلۇش پىلانى تۈزۈلدى، بۇ بارلىق كەنتنىڭ 56.95%نى ئىگىلەيدۇ. ئاپتونوم رايون بويىچە كەنت ـ بازار قۇرۇلۇشىغا 1522 گېكتار يەر ئىشلىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىگىلەنگەن تېرىلغۇ يەر 10 گېكتار. ئاپتونوم رايون بويىچە ھازىرغا قەدەر كەنت بازار قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلگەن يەر 1 مىليون 140 مىڭ 500 گېكتارغا يەتتى.

ئاپتونوم رايوندىكى ئوبلاست، ۋىلايەت، شەھەر، ناھىيىلەردە 1999 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە كەنت ـ بازار قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتىدىن 95ى قۇرۇلدى، ئۇلارغا 453 خىزمەتچى خادىم سەپلەندى؛ يېزا (بازار) دەرىجىلىك كەنت ـ بازار قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتىدىن 381 ى قۇرۇلدى، ئۇلارغا 1092 خىزمەتچى خادىم سەپلەندى. ياردەمچى كەنت ـ بازار قۇرۇلۇشى خادىمىدىن 1800 ئادەم (قېتىم)، تېخنىكوم بويىچە 244 ئادەم، ئالىي تېخنىكوم بويىچە 214 ئادەم تەربىيىلەندى.

شياۋ دېجۇن

## كەنت ـ بازار قۇرۇلۇشى

1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە كەنت ـ بازار قۇرۇلۇشىغا 2 مىليارد 142 مىليون 623 مىڭ 200 يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 1 مىليارد 582 مىليون 20 مىڭ 700 يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي مەبلەغنىڭ 73.84%نى ئىگىلەيدۇ؛ جامائەت قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 335 مىليون 328 مىڭ 500 يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي مەبلەغنىڭ 15.65%نى ئىگىلەيدۇ؛ ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 104 مىليون 760 مىڭ 100 يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي مەبلەغنىڭ 4.89% نى ئىگىلەيدۇ؛ جامائەت مۇلازىمەتلىرىگە سېلىنغىنى 120 مىليون 513 مىڭ 900 يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي مەبلەغنىڭ 5.63%نى ئىگىلەيدۇ.

1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 67 مىڭ 700 ئائىلىلىك دېھقان، چارۋىچى يېڭى ئۆي سالدى، ئۇلار بارلىق كەنت ـ بازار ئائىلىسىنىڭ 2.54%نى ئىگىلەيدۇ. كەنت ـ بازارلاردىكى پۈتكەن تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 4 مىليون 955 مىڭ 800 كۋادرات مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە ئارىلاشما قۇرۇلمىلىق بىلەن خىش ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 3 مىليون 536 مىڭ 300 كۋادرات مېتىر، بۇ پۈتكەن تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇش كۆلىمىنىڭ 71.36%نى ئىگىلەيدۇ. 1999 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە كەنت ـ بازارلاردىكى تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 177 مىليون 569 مىڭ 100 كۋادرات مېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئارىلاشما قۇرۇلمىلىق بىلەن خىش ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىقلىرىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 49 مىليون 585 مىڭ 300 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 27.97% نى ئىگىلەيدۇ. كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان قۇرۇلۇش كۆلىمى 15.23 كۋادرات مېتىر، ئىشلىتىش كۆلىمى 12.82 كۋادرات مېتىر، تۇرالغۇ كۆلىمى 10.71 كۋادرات مېتىر.

1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە كەنت ـ بازارلارغا 691 مىڭ 600 كۋادرات مېتىر جامائەت قۇرۇلۇشى سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئارىلاشما قۇرۇلمىلىقى 596 مىڭ 800 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 93.02%نى ئىگىلەيدۇ. جامائەت قۇرۇلۇشلىرىنىڭ كۆلىمى 22 مىليون 804 مىڭ 600 كۋادرات مېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئارىلاشما قۇرۇلمىلىقى 7 مىليون 955 مىڭ 300 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 34.88%نى ئىگىلەيدۇ. 235 مىڭ 900 كۋادرات مېتىر ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك قۇرۇلۇش سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئارىلاشما قۇرۇلمىلىقى 180 مىڭ 900 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 76.69%نى ئىگىلەيدۇ؛ ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك قۇرۇلۇشلارنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 11 مىليون 847 مىڭ 600 كۋادرات مېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئارىلاشما قۇرۇلمىلىقى 4 مىليون 19 مىڭ 700 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 33.93%نى ئىگىلەيدۇ.

1999 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايون بويىچە تۇرۇبا سۈيىدىن بەھرىمەن بولىدىغان كەنت ـ بازار 6222 گە، تۇرۇبا سۈيى ئىچىدىغان ئادەم 6 مىليون 30 مىڭ 700 گە، تۇرۇبا سۈيىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 51.74%كە يەتتى.

14 مىڭ 44 كەنت ـ بازارغا توك يەتكۈزۈلدى، بارلىق شتاتلىق بازار ۋە بازارنىڭ %15. 66ىدە، %56 كەنتتە توك بار بولدى. كەنت ـ بازارلاردىكى يوللارنىڭ ئۇزۇنلۇقى 69 مىڭ 790 كىلومېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يۈزلەنگەن يول 52 مىڭ 87. 267 كىلومېتىر بولۇپ، كەنت ـ بازار يولىنىڭ %89. 74نى ئىگىلەيدۇ؛ ئالىي دەرىجىلىك ۋە 2 ـ دەرىجىلىك يول 6926 كىلومېتىر بولۇپ، يۈزلەنگەن يولنىڭ %25. 13نى ئىگىلەيدۇ. ئاپتونوم رايون بويىچە شتاتلىق بازارلاردىكى باغۋارانلاشقان ۋە كۆكەرتىلگەن كۆلەم 2954 گېكتارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە جامائەت كۆكلەمزارلىقى 502 گېكتار بولۇپ، ھەربىر كىشىگە 77. 4 كۋادرات مېتىردىن توغرا كېلىدۇ؛ بازارلاردىكى باغۋارانلاشقان، كۆكەرتىلگەن كۆلەم 6037 گېكتارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە جامائەت كۆكلەمزارلىقى 779 گېكتار بولۇپ، ھەربىر كىشىگە 3 .98 كۋادرات مېتىردىن توغرا كېلىدۇ. ئاپتونوم رايون بويىچە شتاتلىق بازارلاردا 78 مۇھىت تازىلىقى ماشىنىسى، 731 ئاممىۋى ھاجەتخانا بار؛ بازارلاردا 29 مۇھىت تازىلىقى ماشىنىسى، 1698 ئاممىۋى ھاجەتخانا بار.

شياۋ دېجۈن

## كىچىك بازارلار قۇرۇلۇشى بويىچە «ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش لوخۇقىسى» مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى

1999 ـ يىل 8 ـ ئايدا قۇرۇلۇش نازارىتى كىچىك بازارلار قۇرۇلۇشى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن «ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش لوخۇقىسى» مۇسابىقىسى جەھەتتە تۈنجى قېتىم تەكشۈرۈش ـ باھالاپ سېلىشتۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، بۇ مۇسابىقىدە ئىلغار بولغان 11 ئورۇننى باھالاپ چىقتى، ئۇلار مۇنۇلار: ئاقسۇ شەھىرىنىڭ قاراتال بازىرى، قاراقاش ناھىيىسىنىڭ كۇيا يېزىسى، يەكەن ناھىيىسىنىڭ چارباغ يېزىسى، ماناس ناھىيىسىنىڭ لوتۇيى بازىرى، شىخو ناھىيىسىنىڭ خاتۇبۇخ بازىرى، تېكەس ناھىيىسىنىڭ تۆرگېن دېھقانچىلىق مەيدانى، بورتالا شەھىرىنىڭ شويىگۇپەن بازىرى، ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ ئەنىنىڭچۈ بازىرى، خېجىڭ ناھىيىسىنىڭ بارۇنخارمودۇن بازىرى، قۇمۇل شەھىرىنىڭ ئاستانە بازىرى، تۇرپان شەھىرىنىڭ داخېيەن بازىرى.

زو شۇشياڭ

## كەنت ـ بازار قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى قانۇن ئىجراسى تەكشۈرۈلدى

1999 ـ يىل 8 ـ ئايدا قۇرۇلۇش نازارىتى ئاپتونوم رايون بويىچە «كەنت ـ بازارلارنىڭ پىلانلاش قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش نىزامى»نىڭ ئىجراسىنى تەكشۈردى. بۇ ئىشقا جايلار

ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىبار بەرگەچكە، ئۇنۇمى ئىنتايىن ياخشى بولدى. قۇرۇلۇش نازارىتى قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈشتە ئىلغار ئورۇن بولغان ئاقسۇ ۋىلايەتلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسى، ئىلى ۋىلايەتلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسى، سانجى ئوبلاستلىق قۇرۇلۇش ئىدارىسى، بورتالا ئوبلاستلىق قۇرۇلۇش ئىدارىسى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسى، ئۈرۈمچى ناھىيىلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسىدىن ئىبارەت 7 ئورۇننى ئوقتۇرۇش چىقىرىپ تەقدىرلىدى.

زو شۇشياڭ

# ئۆي ـ زېمىن كەسپى

## شەھەر ـ بازارلارنىڭ ئۆي قۇرۇلۇشى ئەھۋالى

1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر ـ بازارلاردىكى تۈرلۈك ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 177 مىليون 967 مىڭ 100 كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن 7 مىليون 933 مىڭ 100 كۋادرات مېتىر كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇش كۆلىمى 96 مىليون 919 مىڭ 600 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 5 مىليون 110 مىڭ 700 كۋادرات مېتىر كۆپەيدى. پۈتۈن يۈرۈشلۈك تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇش كۆلىمى 53 مىليون 214 مىڭ 200 كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، 5 مىليون 416 مىڭ 400 كۋادرات مېتىر كۆپەيدى، بۇ تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇش كۆلىمىنىڭ %91. 54نى ئىگىلەيدۇ. كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئىشلىتىش كۆلىمى 74 .12 كۋادرات مېتىرغا، تۇرالغۇ كۆلىمى 15 .9 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

ۋېي شياۋيۇ

## ئەرزان، ئەپلىك تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشى

1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندىكى 18 شەھەر، 41 ناھىيە ئەرزان، ئەپلىك تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشى (ماكانلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى)نى يولغا قويدى. دۆلەت ئاپتونوم رايونغا ئەرزان، ئەپلىك تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمىدىن 4 مىليون 980 مىڭ كۋادرات مېتىر چۈشۈرۈپ بەردى، 1998 ـ يىلدىكىدىن 2 مىليون كۋادرات مېتىر كۆلەم ھېسابىغا ئاشۇرۇلدى، بۇلارغا جەمئىي 5 مىليارد 730 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي بانكىلار قەرز بېرىشنى ئۈستىگە ئالغىنى 680 مىليون يۈەن، جايلار ئۆزى تەييارلايدىغىنى 5 مىليارد 50 مىليون يۈەن. ئەرزان، ئەپلىك تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىدا

تەرەققىياتىدا زور يۈكسىلىش بولدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغان مەبلەغ 2 مىليارد 650 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %91 ئاشتى. تاۋار ئۆي قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ 2 مىليارد 570 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %172.2 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە تاۋار تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 2 مىليارد 130 مىليون يۈەن بولۇپ، %129 ئاشتى. قۇرۇلۇش قىلىنغان تاۋار ئۆي كۆلىمى 3 مىليون 700 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، %48 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە تاۋار تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 3 مىليون 100 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، %72.8 ئاشتى. تاۋار ئۆي قۇرۇلۇشىدا يېڭىدىن ئىش باشلانغان كۆلەم 2 مىليون 280 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، %87.3 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە تاۋار تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشى كۆلىمى 2 مىليون 120 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، %94.9 ئاشتى. تاۋار ئۆي قۇرۇلۇشىدا پۈتكۈزۈلگەن كۆلەم 1 مىليون 750 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، %88 ئاشتى، پۈتۈش قىممىتى 1 مىليارد 870 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە پۈتكۈزۈلگەن تاۋار تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 1 مىليون 570 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، %123.3 ئاشتى، پۈتۈش قىممىتى 1 مىليارد 590 مىليون يۈەن بولدى. ئەمەلىيەتتە 1 مىليون 139 مىڭ 300 كۋادرات مېتىر تاۋار ئۆي سېتىلدى. سېتىشتىن 1 مىليارد 510 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە سېتىلغان تاۋار تۇرالغۇ ئۆي 1 مىليون 62 مىڭ 900 كۋادرات مېتىر، كىرىم 1 مىليارد 380 مىليون يۈەن. شەخسلەرگە 891 مىڭ 700 كۋادرات مېتىر تۇرالغۇ ئۆي سېتىلدى، بۇنىڭدىن 1 مىليارد 250 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى. تاۋار ئۆيلەرنىڭ ھەر كۋادرات مېتىرى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1387.23 يۈەندىن سېتىلدى، جۈملىدىن تاۋار تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ ھەربىر كۋادرات مېتىرى 1292.56 يۈەندىن سېتىلدى. يۇقىرىغا 82 مىليون 400 مىڭ يۈەن باج ۋە قوشۇمچە ھەق تاپشۇرۇلدى، 25 مىليون 390 مىڭ يۈەن پايدا ئېلىندى. بوش قالغان تاۋار ئۆي كۆلىمى 519 مىڭ 800 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن %57.7 كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە بوش قالغان تاۋار تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 412 مىڭ 200 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن %69.35 كۆپەيدى. ئاپتونوم رايون بويىچە يىل



ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى يېڭىدىكۆل ماكانلاشتۇرۇش رايونىدىن بىر كۆرۈنۈش
سۈي تۇك فوتوسى

قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتقان كۆلەم 10 مىليون 668 مىڭ 400 كۋادرات مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭى قۇرۇلۇش قىلىنغان كۆلەم 7 مىليون 776 مىڭ 500 كۋادرات مېتىر، 6 مىليون 898 مىڭ كۋادرات مېتىر كۆلەم پۈتكۈزۈلدى. بۇ قۇرۇلۇشلارغا ئەمەلىيەتتە 6 مىليارد 930 مىليون يۈەن مەبلەغ كەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي بانكىلار بەرگەن قەرزدىن نەقلەشكىنى 820 مىليون يۈەن، جايلار ئۆزى تەييارلىغىنى 6 مىليارد 110 مىليون يۈەن. بۇ ئۆيلەردىن 6 مىليون 348 مىڭ كۋادرات مېتىرى سېتىلدى. شەھەر - بازارلاردىكى تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشى جەھەتتە، ئەرزان، ئەپلىك تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشى نىسبىتى ئەڭ دەسلەپتە %30 كىمۇ يەتمەيتتى، ئەمدىلىكتە %60 تىن ئېشىپ كەتتى. شەھەر - بازارلاردىكى كىرىمى تۆۋەن ئائىلىلەر بىۋاسىتە ئەرزان، ئەپلىك تۇرالغۇ ئۆيلەرگە يۈزلەنگەچكە، بۇنداق قۇرۇلۇشلار تېز سۈرئەتتە كۆپىيىپ، شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ تۇرالغۇ شارائىتىنى ياخشىلاش، مۇناسىۋەتلىك كەسىپلەرنى تەرەققىياتقا يېتەكلەش، ئۇنۇملۇك ئېھتىياجغا رىغبەتلەندۈرۈش، ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىغا تۈرتكە بولۇش جەھەتتە مۇھىم رول ئوينىدى.

ۋاڭ يۇفېڭ

## ئۆي - زېمىن تەرەققىياتى ۋە تىجارىتى ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆي - زېمىن

ئاخىرىدىكى ئۆي ـ زېمىن تەرەققىيات كارخانىسى 163، كەسپكار 8011.

خۇ شياۋچىلاڭ

## ئۆي ـ زېمىن بازىرى

1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر قايسى جايلاردا ئۆي ـ زېمىن سودىسى ئومۇمىيۈزلۈك ئەۋج ئالدى. شىخەنزە شەھىرىدە 2 ـ دەرىجىلىك ئۆي ـ زېمىن بازىرى ئېچىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە سودا قىلىنغان ئۆي ـ زېمىن كۆلىمى 4 مىليون 323 مىڭ 400 كۋادرات مېتىر، پۇتتۇشۇلگەن سومما 3 مىليارد 170 مىليون يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە سودا قىلىنغان تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 3 مىليون 396 مىڭ 500 كۋادرات مېتىر، پۈتتۈشۈلگەن سومما 1 مىليارد 630 مىليون يۈەن. شەخسلەرگە سېتىلغان تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 3 مىليون 332 مىڭ 100 كۋادرات مېتىر، سېتىلىش سوممىسى 1 مىليارد 190 مىليون يۈەن. شەھەر ـ بازارلاردا ئىجارىگە بېرىلگەن ئۆيلەرنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 1 مىليون 372 مىڭ 500 كۋادرات مېتىر، ئىجارە كىرىمى 47 مىليون 742 مىڭ 900 يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئىجارە بېرىلگەن تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 438 مىڭ 100 كۋادرات مېتىر، ئۇنىڭ ئىجارىسىدىن قىلىنغان كىرىم 1 مىليون 888 مىڭ يۈەن.

سۈن قېڭلى

## ئۆي ـ ئىمارەتلەرنى چېقىش ـ كۆچۈرۈش ۋە خەتەرلىك ئۆي ـ ئىمارەتلەرنى بىخەتەرلىك جەھەتتىن باھالاش ئەھۋالى

1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندىكى 77 شەھەر ـ بازار (18 شەھەر، 59 ناھىيە بازىرى) دا ئۆي ـ ئىمارەتلەرنى چېقىش، ئولتۇرۇشلۇق ئاھالىلەرنى كۆچۈرۈش خىزمىتى ئىشلەندى، 1 مىليون 317 مىڭ 100 كۋادرات مېتىر ئۆي ـ ئىمارەت چېقىلدى، 10مىڭ 632 ئائىلە كۆچۈرۈلدى، چېقىش ـ كۆچۈرۈشنى باشقۇرۇش ھەققىدىن 28 مىليون 130 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى.

45 شەھەر ـ بازار (16 شەھەر، 29 ناھىيە بازىرى) دا خەتەرلىك ئۆي ـ ئىمارەتلەرنى بىخەتەرلىك جەھەتتىن باھالاش خىزمىتى ئىشلەندى، باھالانغان خەتەرلىك ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 478 مىڭ 700 كۋادرات مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە جامائەت ئۆيلىرىنىڭ كۆلىمى 381 مىڭ 800 كۋادرات مېتىر، خۇسۇسىي ئۆي كۆلىمى 96 مىڭ 900 كۋادرات مېتىر. باھالاشنى باشقۇرۇش ھەققىدىن 458 مىڭ 500 يۈەن كىرىم قىلىندى.

سۈن قېڭلى

## تۇرالغۇ كىچىك رايونلىرىنىڭ ئۆي خوجىلىقىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

1999 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆي خوجىلىقىنى باشقۇرۇش كارخانىسى 127 گە يەتتى، ئۇلارغا 3453 باشقۇرغۇچى سەپلەندى. ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 8 مىليون 29 مىڭ 600 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان 217 كىچىك تۇرالغۇ رايونى ۋە ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 1 مىليون 158 مىڭ 200 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان 40 بىنا ھەم سانائەت رايونىنىڭ خوجىلىقى تەكشۈرۈلدى.

قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى ئۇيۇشتۇرغان 1999 ـ يىللىق مەملىكەت بويىچە شەھەرلەرنىڭ ئۆي خوجىلىقىنى باشقۇرۇشتىكى مۇنەۋۋەر تۇرالغۇ كىچىك رايون (بىنا، سانائەت رايونى) لىرىنى باھالاش پائالىيىتىدە قاراماي شەھىرىدىكى شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىنىڭ نەنلىن تۇرالغۇ كىچىك رايونى بىلەن قۇمۇل شەھىرىدىكى لىيۈەن تۇرالغۇ كىچىك رايونى مەملىكەت بويىچە شەھەرلەرنىڭ تۇرالغۇ ئۆي خوجىلىقىنى باشقۇرۇشتىكى مۇنەۋۋەر تۇرالغۇ كىچىك رايونى بولۇپ باھالاندى.

قۇرۇلۇش نازارىتى ئۇيۇشتۇرغان 1999 ـ يىللىق ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەرلەرنىڭ تۇرالغۇ ئۆي خوجىلىقىنى باشقۇرۇشتىكى مۇنەۋۋەر تۇرالغۇ كىچىك رايونىنى باھالاش پائالىيىتىدە ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى خۇايۈەن بازىرىنىڭ خۇايۈەن تۇرالغۇ كىچىك رايونى، قاراماي شەھىرىدىكى شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىنىڭ نەنلىن تۇرالغۇ كىچىك رايونى، شىخەنزە شەھىرىدىكى 25 ـ نومۇرلۇق تۇرالغۇ كىچىك رايونى، سانجى شەھىرىدىكى چاڭجيەن خۇايۈەن تۇرالغۇ كىچىك رايونى ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەرلەرنىڭ ئۆي خوجىلىقىنى باشقۇرۇشتىكى مۇنەۋۋەر تۇرالغۇ كىچىك رايونى بولۇپ باھالاندى.

ۋېي شياۋيۇ

## شەھەر ـ بازارلاردىكى ئۆيلەرنى مۈلۈك ھوقۇقى ۋە مۈلۈك تەۋەلىكى جەھەتتىن باشقۇرۇش ئەھۋالى

1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر ـ بازارلاردىكى 41 مىليون 360 مىڭ 300 كۋادرات مېتىر ئۆينىڭ مۈلۈك ھوقۇقى تىزىمغا ئېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە دەسلەپتە تىزىمغا ئېلىنغىنى 17 مىليون 549 مىڭ 800 كۋادرات مېتىر، يۆتكەشكە تىزىملانغىنى 16 مىليون 945 مىڭ 500 كۋادرات مېتىر، ئۆزگەرتىشكە تىزىملانغىنى 1 مىليون 317 مىڭ 500 كۋادرات مېتىر، باشقا ھوقۇق جەھەتتىن تىزىملانغىنى 4 مىليون 837 مىڭ 700 كۋادرات مېتىر،

سېتىشقا تىزىملاتقىنى 709 مىڭ 800 كۋادرات مېتىر. يىل ئاخىرىغا قەدەر تىزىمغا ئېلىنغان كۆلەم 177 مىليون 967 مىڭ 100 كۋادرات مېتىرغا، تىزىمغا ئېلىنىش نىسبىتى %96.2 كە، كىنىشكا تارقىتىلغان كۆلەم 167 مىليون 334 مىڭ 700 كۋادرات مېتىرغا، كىنىشكا تارقىتىلىش نىسبىتى %94كە يەتتى.

شەھەر - بازارلاردىكى تۇرلۇك ئۆيلەرنىڭ تىزىمغا ئېلىنغان 177 مىليون 967 مىڭ 100 كۋادرات مېتىر قۇرۇلۇش كۆلىمىدە، مۇلۇك ھوقۇقى دۆلەتنىڭ ئىلكىدىكىسى 96 مىليون 242 مىڭ 500 كۋادرات مېتىر، كوللېكتىپ ئىلكىدىكىسى 8 مىليون 963 مىڭ 700 كۋادرات مېتىر، خۇسۇسىيلار ئىلكىدىكىسى 71 مىليون 405 مىڭ 200 كۋادرات مېتىر، ھەمكارلىق تۈزۈمىدىكىسى، پاي چېكى تۈزۈمىدىكىسى، شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن ۋە چەت ئەلگە ئالاقىدار شۇنداقلا باشقا خىلدىكىلىرى 1 مىليون 355 مىڭ 700 كۋادرات مېتىر.

ۋېي شياۋيۈ

## شەھەر - بازارلاردىكى تۇرالغۇ ئۆي تۈزۈمى ئىسلاھاتى

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەھەر - بازارلاردىكى تۇرالغۇ ئۆي تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»نى تۈزۈپ چىقىپ، 1998 - يىل 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر - بازارلاردىكى ھەر قايسى ئورۇنلاردا تۇرالغۇ ئۆينى ناتۇرا تەقسىم قىلىش توختىتىلىپ، پەيدىنپەي سېتىپ بېرىش يولغا قويۇلىدىغانلىقىنى، ئورۇنلار ۋە شەخسلەرنىڭ تۇرالغۇ ئۆي جامائەت فوندىنى تاپشۇرۇۋېلىش - تاپشۇرۇش نىسبىتى %5 تىن %6 كە تەڭشەلگەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇردى.

يىل ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر - بازارلاردا كۆلىمى 43 مىليون 920 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىغان 700 مىڭ يۈرۈش ھۆكۈمەت تۇرالغۇ ئۆيى سېتىلدى، بۇ سېتىشقا بولىدىغان ھۆكۈمەت تۇرالغۇ ئۆيى قۇرۇلۇش كۆلىمىنىڭ %80 تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. 14 مىليارد 90 مىليون يۈەن ئۆي سېتىلغان پۇل يىغىۋېلىندى، بۇنىڭدىن 10 مىليارد 600 مىليون يۈەن تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلدى، بۇ يىغىۋېلىنغان پۇلنىڭ %75.2نى ئىگىلەيدۇ. 1999 - يىلى ئۆي سېتىش ئارقىلىق يىغىۋېلىنغان پۇل 1998 - يىلدىكىدىن 4 مىليارد 200 مىليون يۈەن ساپ ئاشتى. 18 شەھەردە ھەم 58 ناھىيىدە تۇرالغۇ ئۆي جامائەت فوندى تۈزۈمى تۇرغۇزۇلدى، بۇ فوندنىڭ يىغىلىش نىسبىتى %70 كە يەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر - بازارلاردا 2 مىليارد 764 مىليون يۈەن تۇرالغۇ ئۆي جامائەت فوندى يىغىۋېلىندى. شەخسلەرنىڭ ئۆي سېتىۋېلىشى ۋە ئۆي سېلىشىغا 108 مىليون 983 مىڭ 600 يۈەن قەرز بېرىلدى، 17 مىڭ 455 ئائىلىگە قەرز بېرىلدى. تۇرالغۇ ئۆي جامائەت فوندىدىن شەخسلەر 465 مىليون 680 مىڭ 800 يۈەن ئالدى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى تۇرالغۇ ئۆي 2 - دەرىجىلىك بازىرىدا سودا باشلاندى. ئاپتونوم رايون ئۈرۈمچى، سانجى، شىخەنزە، كورلا، كۈيتۇڭ، غۇلجا قاتارلىق شەھەرلەردە تۇرالغۇ ئۆي 2 - دەرىجىلىك بازىرى ئېچىشنى يولغا قويۇش چارىسىنى تەستىقلىدى، بۇلاردىن شىخەنزە شەھىرى بىلەن كورلا شەھىرىدە رەسمىي ۋۇجۇدقا ئېلىپ بازار ئېچىلدى.

تۇيا

# بىناكارلىق

## بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 20 مىليارد 410 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %15.1 ئاشتى، پۈتكۈزۈلگەن قۇرۇلۇشنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 14 مىليارد 950 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %4.1 ئاشتى؛ بىناكارلىق ساھەسى بويىچە قوشۇلما قىممەت 5 مىليارد 510 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %18.8 ئاشتى؛ پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت قۇرۇلۇشى كۆلىمى 13 مىليون 101 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، %27.7 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ياخشى بولغان كۆلەم 5 مىليون 67 مىڭ كۋادرات مېتىر، ياخشى بولۇش نىسبىتى %38.7 كە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 3 پىرسەنت پوئىنتى ئاشتى. پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمىدە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 8 مىليون 364 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، %63.8 نى ئىگىلەپ، 9.5 پىرسەنت پوئىنتى ئاشتى؛ كەسىپكارلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە سانى 384 مىڭ، يىل ئاخىرىدىكى ئەق ئىشچى - خىزمەتچى 304 مىڭ 800؛ قۇرۇلۇش مەھسۇلات قىممىتى بويىچە ھېسابلىغاندا بارلىق خادىملارنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 53 مىڭ 141 يۈەنگە يېتىپ، %10.1 ئاشتى. قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتقان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 21 مىليون 823 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، %16.8 كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1999 - يىلى ئىش

باشلانغان كۆلەم 13 مىليون 322 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، 12% كۆپەيدى.

1999 - يىلى بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 21 مىليارد 410 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 19.2% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇرۇلۇش نەق چوت كىرىمى 18 مىليارد 960 مىليون يۈەن بولۇپ، 18.7% كۆپەيدى؛ پايدا

سوممىسى يىللاردىن بۇيانقى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىدىن ئېشىپ، 284 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1.97 ھەسسە ئاشتى؛ زىيان تارتقان كارخانا 169 بولۇپ، بۇ يىل 12 سى كۆپەيدى، بىراق بۇ كارخانىلارنىڭ زىيان سوممىسى 178 مىليون 440 مىڭ يۈەن بولۇپ، 96 مىليون 900 مىڭ يۈەن ئازايدى؛ پايدا، باج سوممىسى 937 مىليون 610 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 42.54% ئاشتى.

رېن سېنجى

## بىناكارلىق ساھەسىدە ئەمگەك سۇغۇرتىسىنى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ بىناكارلىق ساھەسىدىكى ئەمگەك سۇغۇرتىسىنى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە ھەق ئېلىشنى باشقۇرىدىغان 32 پونكىت ئالغان ئەمگەك سۇغۇرتا ھەققى 191 مىليون 616 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 1.5% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت قۇرۇلۇش كارخانىلىرىنىڭكى 97 مىليون 812 مىڭ يۈەن، كوللېكتىپ قۇرۇلۇش كارخانىلىرىنىڭكى 36 مىليون 524 مىڭ يۈەن، باشقا ئۆلكە قۇرۇلۇش كارخانىلىرىنىڭكى 13 مىليون 24 مىڭ يۈەن، بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇلمايدىغان قۇرۇلۇش كارخانىلىرىنىڭكى 39 مىليون 779 مىڭ يۈەن، كېيىنكى يىلىغا كۆچۈرۈپ تەقسىم قىلىنىدىغىنى 4 مىليون 477 مىڭ يۈەن. بىناكارلىق - قۇرۇلۇش كارخانىلىرىغا 139 مىليون 649 مىڭ يۈەن بۆلۈپ بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت قۇرۇلۇش كارخانىلىرىغا بۆلۈپ بېرىلگىنى 89 مىليون 47 مىڭ يۈەن، كوللېكتىپ قۇرۇلۇش كارخانىلىرىغا بۆلۈپ بېرىلگىنى 8 مىليون 891 مىڭ يۈەن، باشقا ئۆلكە قۇرۇلۇش كارخانىلىرىغا بۆلۈپ بېرىلگىنى 2 مىليون 579 مىڭ يۈەن، بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇلمايدىغان قۇرۇلۇش كارخانىلىرىغا بۆلۈپ بېرىلگىنى 39 مىليون 132 مىڭ يۈەن.

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ ئەمگەك سۇغۇرتا ھەققىنى باشقۇرۇش باش پونكىتى بىناكارلىق قۇرۇلۇش كارخانىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ئاپپاراتلىرىغا ياشانغاندا كۆتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتا ھەققىنى تاپشۇرۇش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىقىش خىراجىتىنى بېرىشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، 115 كارخانىغا 30 مىليون 575 مىڭ يۈەن قوشۇمچە ياردەم بەردى. 1962 - يىلدىكى بىناكارلىق كارخانىلىرىدىن قىسقارتىلغان خادىملارغا 1 مىليون 139 مىڭ يۈەن تۇرمۇش ياردەم پۇلى بەردى، جەمئىي 31 مىليون 714 مىڭ يۈەن قوشۇمچە ياردەم پۇلىنى تەڭشەپ بەردى (بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇشى گۇرۇھى قارمىقىدىكى شىركەتلەرگە بېرىلگىنى 15 مىليون 383 مىڭ 400 يۈەن). قۇرۇلۇش نازارىتى 1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بىلەن، ساھەلەر بويىچە ئەمگەك سۇغۇرتا ھەققىنى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش ئاپپاراتلىرى توپلىغان ئەمگەك سۇغۇرتا ھەققىدىن 39 مىليون 580 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ، ئاپتونوم رايوندىكى بىناكارلىق قۇرۇلۇشى كارخانىلىرى بېرەلمەي كېلىۋاتقان دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ياشانغاندا كۆتۈنۈش پۇلىنى تولۇقلاپ تارقاتتى.

قۇرۇلۇش نازارىتى 1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىناكارلىق ساھەسىدىكى ئەمگەك سۇغۇرتىسى ھەققىنى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش ئاپپاراتىنىڭ ئەمگەك سۇغۇرتىسى ھەققىنى قالدۇرۇش - يىغىش مەسئۇلىيىتى، ياشانغاندا كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى يۈتكەپ بېرىش كەسپىي تۈرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئاساسەن، ئىشچى - خىزمەتچىلەر تاپشۇرغان ھەر دەرىجىلىك ئەمگەك سۇغۇرتىسى ھەققىنى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشنى باشقۇرۇش پونكىتىدىكى ياشانغاندا كۆتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتا ھەققىدىن قېلىپ قالغان 14 مىليون 876 مىڭ 600 يۈەننى جايلاردىكى ئىجتىمائىي سۇغۇرتا بېجىرىش ئاپپاراتلىرىغا تاپشۇرۇپ، بۇ پونكىتلارنىڭ فۇنكسىيىسىنى يۆتكەش ۋەزىپىسىنى ئوڭۇشلۇق ئورۇندىدى.

لى باۋفېڭ

## قۇرۇلۇشقا خېرىدار چاقىرىش، خېرىدار چىقىشنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون قۇرۇلۇشقا ئاشكارا خېرىدار چاقىرىش نىسبىتىنى ئاشۇرۇپ، كېڭەيتىپ خېرىدار چاقىرىشنى قاتتىق تىزگىنلىدى. خېرىدار چاقىرىلغان ۋە خېرىدار چىققان بارلىق قۇرۇلۇشلارنى شەكىللىك بىناكارلىق بازىرىغا سېلىپ، ئاشكارا، ئادىل، باراۋەر رىقابەتلىشىش پرىنسىپى بويىچە سودا قىلىش بەلگىلەندى ھەم ئاپتونوم رايوندىكى چوڭ، ئوتتۇرا دۆلەت قۇرۇلۇش كارخانىلىرىغا مايىللىشىپ كارخانىلارنىڭ قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىلدى. خېرىدارلارنى باھالاش چارىسى ۋە مۇتەخەسسىسلەر باھالاش كومىتېتى تۈزۈمى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈ-

رۇلۇپ، خەۋەردار چاقىرىش، خەۋەردارلىقنى باھالاش خىزمىتى ئېچىش ئىلمىيلىكتە يۈزلەندۈرۈلدى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 2277 تۈرلۈك قۇرۇلۇشتا ئىش باشلاندى (ئۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى بىلەن قىسمەن كارخانا تۈرلىرى بۇنىڭ سىرتىدا). بۇنىڭ ئىچىدە خەۋەردار چاقىرىشقا تېگىشلىك قۇرۇلۇش تۈرى 2072، خەۋەردار چاقىرىلغان قۇرۇلۇش تۈرى 2063، بۇ خەۋەردار چاقىرىشقا تېگىشلىك قۇرۇلۇش تۈرىنىڭ 99.6%نى ئىگىلەپ، 1998 - يىلدىكىدىن 1.2 پىرسەنت يۇقىرى ئۆستى. خەۋەردار چاقىرىلغان قۇرۇلۇشلار ئىچىدە ئاشكارا خەۋەردار چاقىرىلغىنى 559 بولۇپ، خەۋەردار چاقىرىلغان تۈرلەرنىڭ 27.1%نى ئىگىلەپ، 20 پىرسەنت يۇقىرى ئاشتى؛ تەكلىپ بىلەن خەۋەردار چاقىرىلغان تۈر 1302 بولۇپ، 63.1%نى ئىگىلىدى؛ كېڭىشىپ خەۋەردار چاقىرىلغان تۈر 202 بولۇپ، 9.8%نى ئىگىلەپ، 18.2 پىرسەنت يۇقىرى تۆۋەنلىدى.

يىل ئاخىرىغا قەدەر، قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن، قىزىلسۇ ئوبلاستىدىلا شەكىللىك بىناكارلىق بازىرى قۇرۇلمىغاندىن سىرت، قالغان ئوبلاست، ۋىلايەت، شەھەرلەردە قۇرۇلۇپ بولدى. شەكىللىك بىناكارلىق بازىرىنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇشى قۇرۇلۇش ئۆچۈرى يەتكۈزۈش، يۈرۈشلۈك مۇلازىمەت قىلىش، نازارەت قىلىش، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى.

خې لياڭ

## قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە قانۇننىڭ ئىجراسى ئۈستىدىن مەمۇرىي تەپتىشلىك قىلىش ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك قۇرۇلۇش مەمۇرىي مەسئۇل تارماقلىرى مەمۇرىي تەپتىشلىك، قانۇنچىلىق، سودا - سانائەت تارماقلىرى بىلەن بىرلىكتە سېلىنىۋاتقان قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە ئۆزى تەكشۈرۈپ ئۆزى ئوڭشاش خىزمىتىنى ۋە ئۇلارنى نۇقتىلىق ئارىلاپ تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇردى. قۇرۇلۇشقا خەۋەردار چاقىرىش، خەۋەردار چىقىش، قۇرۇلۇش نازارەتچىلىكى، توختام، سۈپەت، قۇرۇلۇش قىلىش ئىجازەتنامىسى، مەبلەغ، قۇرۇلۇشنى ئومۇمىي جەھەتتىن ھۆددە ئېلىشنى باشقۇرۇش، قۇرۇلۇشنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش، قۇرۇلۇش ئۈستىدىكى قانۇن ئىجراسى قاتارلىق جەھەتلەردىن تەكشۈرۈلدى. قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ قانۇنىي ۋاكالەتچىلىرى بىلەن تەكشۈرۈپ لايىھىلىگۈچى، قۇرۇلۇش قىلغۇچى، نازارەت قىلغۇچى ئورۇنلار تەلەپلەر بويىچە، سېلىنىۋاتقان قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى ئۆزى تەكشۈردى. ئاپتونوم رايون بويىچە سېلىنىۋاتقان 2039 قۇرۇلۇش تەكشۈرۈلدى، ئۇلارنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 4 مىليون 910 مىڭ كۋادرات مېتىر، ئۇلارغا سېلىنغان مەبلەغ 7 مىليارد 400 مىليون يۈەن. ئۇلاردىن 97 سىدە خېلى ئېغىر مەسىلە كۆرۈلدى، بۇ ئۆزى تەكشۈرۈپ ئۆزى ئوڭشايدىغان قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ 4.8%نى ئىگىلىدى. ئوبلاست، ۋىلايەت، شەھەرلەردىكى قۇرۇلۇش، مەمۇرىي تەپتىشلىك، سودا - سانائەت تارماقلىرىدىن تەشكىللەنگەن قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەۋەسىدە سېلىنىۋاتقان قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى ئومۇمىي جەھەتتىن ئارىلاپ تەكشۈردى. مۇشۇ ئاساستا قۇرۇلۇش نازارىتى، مەمۇرىي تەپتىشلىك نازارىتى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ قانۇنچىلىق ئىدارىسى 3 بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللىدى، بۇ گۇرۇپپىلار 11 ئوبلاست، ۋىلايەت، شەھەر ۋە 25 ناھىيە، بىر پورت، 3 تەرەققىيات رايونىغا بېرىپ، نۇقتىلىق ئارىلاپ تەكشۈردى. سېلىنىۋاتقان 338 قۇرۇلۇش ئارىلاپ تەكشۈرۈلۈپ، 285كە تۈزىتىش ئۇقتۇرۇشى چۈشۈرۈلدى. 16 سى ئىشتىن توختىتىپ بىرتەرەپ قىلىشقا بۇيرۇلدى. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە قۇرۇلۇش ساھەسىدىكى قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپ بىر تۈركۈم قىلمىش تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، 583 دېلو تۇرغۇزۇلدى، 608 دېلو (قېپقالغان دېلولارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، 570 دېلو ئاياغلاشتۇرۇلدى. قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان 38 كىشى بىر تەرەپ قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە - باشقارما دەرىجىلىك كادىر 7، ئەدلىيە ئورگانلىرىغا ئەۋەتىپ بېرىلگىنى 14.

شياۋ خۇي

## قۇرۇلۇشلارنىڭ سۈپىتى تەكشۈرۈلدى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ قۇرۇلۇش سۈپىتىنى باشقۇرۇش يىلى بولدى، جايلار قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى بىلەن قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ قۇرۇلۇش سۈپىتىنى كەڭ كۆلەملىك تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، تەۋەسىدىكى قۇرۇلۇشلارنىڭ سۈپىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئارىلاپ تەكشۈردى. قۇرۇلۇش نازارىتى مۇشۇ ئاساستا ئاپتونوم رايوندىكى 15 ئوبلاست، ۋىلايەت، شەھەر ۋە شىخەنزە شەھىرىدىكى قۇرۇلۇشلارنىڭ سۈپىتىنى ئارىلاپ تەكشۈردى. جەمئىي 400 قۇرۇلۇش ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى، بۇلارنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 1 مىليون 519 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە پۈتكۈزۈلگەن قۇرۇلۇش 191، قۇرۇلۇش كۆلىمى 691 مىڭ كۋادرات مېتىر؛ سېلىنىۋاتقان قۇرۇلۇش 209، قۇرۇلۇش كۆلىمى 828 مىڭ كۋادرات مېتىر. ئارىلاپ تەكشۈرۈشكە 310 قۇرۇلۇش ئورنى، 82

تەكشۈرۈش ئورنى، 106 لايىھىلەش ئورنى، 160 قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئورۇن، 56 نازارەتچىلىك ئورنى چېتىلدى. ئارىلاپ تەكشۈرۈش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، كۆپىنچە ئوبلاست، ۋىلايەت، شەھەرلەردە قۇرۇلۇشتا كۆرۈلگەن مەسىلىلەر قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنىغان، تەكشۈرۈش خىزمىتى مۇئەييەن سالماقتا ئىگە بولغان.

ئارىلاپ تەكشۈرۈشتە مۇنداق مۇھىم مەسىلىلەر بايقالدى: بەزىلىرى دۆلەت، ئاپتونوم رايوننىڭ قۇرۇلۇشقا ئالاقىدار قانۇن - تۈزۈملىرىگە خىلاپلىق قىلغان، بەزىلىرى قۇرۇلۇشنىڭ مەجبۇرلاش خاراكتېرىدىكى تېخنىكا نىزامى ۋە ئۆلچىمىگە خىلاپلىق قىلغان، ئايرىملىرى ھەتتا قۇرۇلۇشنىڭ قۇرۇلما بىخەتەرلىكىگە تەسىر يەتكۈزگەن، يەنە بەزىلىرى بىناكارلىق بازارلىرىنىڭ نورمال تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرغان. قۇرۇلۇش نازارىتى قۇرۇلۇشلاردا كۆرۈلگەن گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى شۇ مەسىلىلەرگە ئالاقىدار ئورۇنلار بىلەن شۇ جايدىكى قۇرۇلۇش مەمۇرىي مەسئۇل تارماقلىرىنىڭ ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشىغا بۇيرىدى، شۇ ئارقىلىق قۇرۇلۇشتىكى قانۇن ئىجراسىنى كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ قۇرۇلۇش سۈپىتى ئومۇمىي سەۋىيىسىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈردى.

زو شۇشياڭ

## قۇرۇلۇش مەسلىھەت مۇلازىمىتى

1999 - يىلى شىنجاڭ قۇرۇلۇش مەسلىھەت مۇلازىمىتى شىركىتى 65 تۈردە مەسلىھەت بەردى، بۇلارغا 27 مىليارد 200 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە باھالانغان تۈر 3، پىلانلانغان تۈر 8، تۈر تەكلىپنامىسى تۈزۈش تۈرى 3، مۇمكىنچىلىك تەتقىقات دوكلاتى تۈزۈش تۈرى 42، مال - مۈلۈك باھالاش تۈرى 7، قۇرۇلۇشنىڭ پۈتۈش باھاسىدىن مەسلىھەت سوراش تۈرى بىر، قۇرۇلۇش نازارەتچىلىكى تۈرى بىر.

ياڭ يىبو

## ئەلا سۈپەتلىك قۇرۇلۇشلار باھالاندى

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئەلا سۈپەتلىك قۇرۇلۇشلارنى باھالاش كومىتېتى قۇرۇلۇش قىلغان كارخانىلار مەلۇم قىلغان 46 قۇرۇلۇشنى نەق مەيداندا قايتا - قايتا تەكشۈرۈش، قۇرۇلۇشتىن پايدىلانغۇچىلاردىن كەڭ دائىرىدە پىكىر ئېلىش ئاساسىدا، قاراپ چىقىش ئارقىلىق 20 قۇرۇلۇشنى ئاپتونوم رايون بويىچە ئەلا سۈپەتلىك قۇرۇلۇش دەپ ماقۇللىدى. ئۇلار مۇنۇلار: جياڭسۇ ئۆلكىسى تۇڭجۇ شەھەرلىك بىناكارلىق - قۇراشتۇرۇش شىركىتى سالغان خەلق ئاۋىئاتسىيىسى بىنورمال نۆۋەتچى ئايروپىلان يولۇچىلىرى پائالىيەت مەركىزى ۋە ماكانلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشخانىسىنىڭ شىنلىيەن تۇرالغۇ كىچىك رايونىدىكى 45 - بىنا؛ بىڭتۇەن 1 - بىناكارلىق - قۇراشتۇرۇش شىركىتى سالغان ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون 2 - تۈگۈنى قۇرۇلۇشىنىڭ شەھەر تېلېفونى ئاپپارات ئۆيى بىناسى؛ شىنجاڭ 4 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى سالغان تارىم نېفىت قوماندانلىق شتابىنىڭ C شەكىللىك ئېگىز قەۋەتلىك تۇرالغۇ ئۆيى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك پوچتا - تېلېگراف ئىشلەپچىقىرىش قوشۇمچە بىناسى، شىنجاڭ پاختا - چىگە شىركىتىنىڭ 1 - نومۇرلۇق ئېگىز قەۋەتلىك تۇرالغۇ ئۆيى؛ شىنجاڭ 3 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى سالغان، سەنشى ئۆلكىلىك ماشىنىلاشقان قۇرۇلۇش قىلىش شىركىتى بىلەن شىنجاڭ سانائەت ئۈسكۈنىلىرى قۇراشتۇرۇش شىركىتى بىرلىشىپ قاتناشقان ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايرودرومىنىڭ «101» ئايروپىلان رېمونت قىلىش ئامبىرى ۋە ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ تۇرالغۇ ئۆي بىناسى (ب بۆلىكى)؛ شىخەنزە شەھەرلىك بىناكارلىق - قۇراشتۇرۇش شىركىتى سالغان شىخەنزە شەھەرلىك يەرلىك باج ئىدارىسىنىڭ خىزمەت بىناسى ۋە شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەنتەربىيە مەشىق مەركىزى؛ چەرچەن ناھىيىلىك بىناكارلىق - قۇراشتۇرۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى سالغان چەرچەن ناھىيىلىك دۆلەت بېجى ئىدارىسىنىڭ ئۇنىۋېرسال خىزمەت بىناسى؛ شىخەنزە شەھەرلىك 2 - بىناكارلىق - قۇراشتۇرۇش شىركىتى سالغان شىخەنزە شەھەرلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ 13 - نومۇرلۇق تۇرالغۇ كىچىك رايونى تۇرالغۇ ئۆي بىناسى؛ بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 7 - شىسى 1 - بىناكارلىق - قۇراشتۇرۇش شىركىتى سالغان كۈيتۇڭ شەھەرلىك دۆلەت بېجى ئىدارىسىنىڭ ئۇنىۋېرسال خىزمەت بىناسى؛ بايىنغولىن ئوبلاستلىق بىناكارلىق - قۇراشتۇرۇش باش شىركىتى سالغان كورلا شەھەرلىك خۇيفېڭ سودا سارىيى؛ لوپنۇر ناھىيىلىك 2 - بىناكارلىق شىركىتى سالغان قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ كۈيتۇڭ شەھەرلىك تارماق بانكىسى 8 — 98 تۇرالغۇ ئۆي بىناسى؛ بايىنغولىن ئوبلاستلىق «يەتتە يۇلتۇز» بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى سالغان بايىنغولىن ئوبلاستلىق پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىش ليەنمىنىڭ 5 - تۇرالغۇ ئۆي بىناسى؛ شىنجاڭ خۇاتۇڭ بىناكارلىق - قۇراشتۇرۇش شىركىتى سالغان قۇمۇل ۋىلايەتلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ «يىفۇ» تەجرىبە بىناسى؛ قاراماي شەھەرلىك يۈكسىلىش بىناكارلىق - قۇراشتۇرۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ياسىغان قاراماي شەھىرىدىكى خەلق مەيدانى؛ شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى نېفىتلىك قۇرۇلۇشى شىركىتى ياسىغان، جياڭسۇ ئۆلكىسى چىڭجياڭ شەھەرلىك بىناكارلىق - قۇراشتۇرۇش شىركىتى ياساشقا قاتناشقان غەربىي

شىخەنزە، نېفىتلىكىدىكى خام نېفىتنى مەركەزلەشتۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش پونكىتى بىلەن غەربىي شىخەنزە 110 كىلوۋولتلۇق ترانسفورماتور پونكىتىنىڭ ئېلېكتىر لىنىيە ئۈسكۈنىلەرنى قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇشى.

لى جيەنگو

## شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇشى (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت ئومۇمىي ئەھۋالى

1999 - يىلى شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇشى (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ تىجارەت مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 706 مىليون 540 مىڭ يۈەن (قوشۇلما قىممەت 571 مىليون 190 مىڭ يۈەن) گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇرۇلۇش قىلىش مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 291 مىليون 90 مىڭ يۈەن، سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 235 مىليون 50 مىڭ يۈەن، ترانسپورت مەھسۇلات قىممىتى 44 مىليون 650 مىڭ يۈەن، قۇرۇلۇش ماشىنىلىرىنى ئىجارىگە بېرىش مەھسۇلات قىممىتى 30 مىليون 810 مىڭ يۈەن، تەكشۈرۈش - لايىھىلەش تىجارەت قىممىتى 61 مىليون 970 مىڭ يۈەن، سودا ۋە باشقا تىجارەت قىممىتى 42 مىليون 970 مىڭ يۈەن. قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلاردىكى بارلىق خادىملارنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى كىشى بېشىغا 11 مىڭ 581 يۈەندىن (قوشۇلما قىممەت بويىچە ھېسابلاندى)، سانائەت كارخانىلىرىدىكى بارلىق خادىملارنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى كىشى بېشىغا 10 مىڭ 777 يۈەندىن، ترانسپورت كارخانىلىرىدىكى بارلىق خادىملارنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى كىشى بېشىغا 21 مىڭ 79 يۈەندىن توغرا كەلدى. ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 9191 يۈەنگە، سىستېما ئىچىدىكى كوللېكتىپ ئىگىلىكنىڭ تىجارەت قىممىتى 75 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

پۈتكۈزۈلگەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 1 مىليون 496 مىڭ كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇشلارنىڭ ياخشى بولۇش نىسبىتى (كۆلىمى بويىچە ھېسابلاندى) 42.5% بولدى. 114 قۇرۇلۇش ئاپتونوم رايون بويىچە ياخشى قۇرۇلۇش بولۇپ باھالاندى، ئۇلاردىن 5 ى ئاپتونوم رايوننىڭ «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» نى تالىشىش بويىچە ئەلا سۈپەتلىك قۇرۇلۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، شىنجاڭ 1 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى سالغان «خەيدې» مېھمانخانىسى دۆلەت دەرىجىلىك ئەلا سۈپەتلىك قۇرۇلۇش بويىچە «لۇبەن» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش (گۇرۇھى) شىركىتى ئاشلىق زاپاس ئامبىرى، ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايرودرومى، «خۇڭيەنچى» ئېلېكتر ئىستانسىسىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنى مۇددەتتىن بۇرۇن پۈتكۈزۈپ، ئىشلىتىشكە ۋە قۇراشتۇرۇشقا تاپشۇردى. بۇ شىركەتنىڭ سانائەت مەھسۇلاتلىرى سېتىلىشىنىڭ مۇقىم ئۆسۈش نىسبىتى 91.2% كە، مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 93.3% كە يەتتى.

1999 - يىلى بۇ شىركەتنىڭ ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىدە مۇئەييەن ئىلگىرىلەش بولدى، 1249 ئىشچى - خىزمەتچى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەركىزىگە باردى، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشى كاپالەتلەندۈرۈلدى. شىركەت بۇ يىل 160 مىڭ 700 كۋادرات مېتىر ئەرزان، ئەپلىك تۇرالغۇ ئۆي سېلىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرالغۇ ئۆي شارائىتىنى ياخشىلىدى.

1999 - يىلى ساقلانغان ئاساسلىق مەسىلىلەر مۇنۇلار: باشقۇرۇش قوپال، ھادىسە كۆپ بولدى، زىيان ئۈنۈملۈك تىزگىنلەنمىدى، كەسىپلەرنىڭ مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ئاستا بولدى، ئايرىم كارخانا ۋە ئورۇنلارنىڭ بازار ئېچىش كۈچلۈك بولمىدى، تۈزۈمنى يېڭىلىشى يېتەرلىك بولمىدى.

لى يىلڭ

## شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى

1999 - يىلى بۇ شىركەت 7 پەن تەتقىقات تۈرىنى پۈتتۈرگەنىدى، ئۇلاردىن 3 ى ئورۇندالدى، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 30 تۈرنى ئەمەلگە ئاشۇردى، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى ئۈنۈم نىسبىتى 0.4% بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇرۇلۇش قىلىش داۋامىدا ئۆزى باش بولۇپ ياراتقان يېڭى تېخنىكا تۈرى بىر، كىرگۈزۈلگەن يېڭى تېخنىكا تۈرى 3؛ يېڭى ھۈنەر - سەنئەت، يېڭى ماتېرىيال، يېڭى ئۈسكۈنە بويىچە 6 تۈرنى كېڭەيتتى؛ 4 ئەقىلگە مۇۋاپىق تەكلىپ ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرىنى قوللىنىپ، 21 مىليون 500 مىڭ يۈەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى. قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى نۇقتىلىق كېڭەيتمەكچى بولغان 10 تۈرلۈك يېڭى تېخنىكا بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش قۇرۇلۇشىدىن ئاپتونوم رايونغا 8 ى بەلگىلەنگەنىدى، 7 سىنى شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئىگىلىدى، ئۇلاردىن شىنجاڭ 4 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى سالغان ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايرودرومىنىڭ ئاۋىئاتسىيە پونكىتى

بىناسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك قاتناش ساقچى چوڭ ئەترىتىنىڭ ئېگىز قەۋەتلىك تۇرالغۇ ئۆيى، سانجى پوچتا - تېلېگراف ئۇنىۋېرسال بىناسىنى ئاپتونوم رايون تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى. شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش دوختۇرخانىسى 17 يېڭى پەن - تېخنىكا تۈرىنى يولغا قويۇپ، دوختۇرخانىنىڭ داۋالاش سەۋىيىسىنى ۋە ئۇنىۋېرسال كۈچىنى ئاشۇردى. شىنجاڭ بىناكارلىق ئىلمىي تەتقىقات يۇرتى تاللىغان يۇقىرى پەن - تېخنىكىلىق «پولاتنى يېپىشتۇرۇپ چىڭىتىش» تېخنىكىسى شۇ يىلى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلۈپ، شۇ يىلى ئۈنۈمى كۆرۈلۈپ، تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. شىنجاڭ 3 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى SWZ150 ئۆزلۈكىدىن كۆتۈرۈلىدىغان ئىشلەك كېشىكنى ياسىدى؛ شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ تاۋار بېتون لاي ئېتىش پونكىتى تېخنىكا ئۆزگەرتىپ ئىشلەپچىقىرىشقا كېرەكلىك ترانسپورت ئۈسكۈنىلىرىنى تولۇقلىدى.

لى بىڭ

## شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇشى (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قۇرۇلدى

1999 - يىل 12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق، شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش باش شىركىتىدىن ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەن شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى رەسمىي قۇرۇلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىتلار مۇراسىمغا كېلىپ تەبرىكلىدى. بۇ شىركەت ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە بولۇپ، ئانا - بالا شىركەتلىك تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ. ئۇ تەكشۈرۈش - لايىھىلەش، پەن تەتقىقات خاراكتېرلىك قۇرۇلۇش قىلىش، ئۈسكۈنە ئەسلىھەلىرىنى قۇراشتۇرۇش، مانائەت ئىشلەپچىقىرىش، بېزەكچىلىك، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتى، ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەش، ئىمپورت - ئېكسپورت سودىسى، ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەش، كۆۋرۈك - سۇچىلىق قۇرۇلۇشى قاتارلىقلار بىر گەۋدىلەشكەن ئۇنىۋېرسال ئىقتىسادىي بىرلەشمە گەۋدە، ئۇ پىلانغا ئايرىم كىرگۈزۈلدى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بۇ شىركەتكە دۆلەت ئىلكىدىكى مۈلۈك ئارقىلىق ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقى بەردى، ئۇ قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن قۇرۇلۇشنى ئومۇمىي جەھەتتىن ھۆددە ئالالايدىغان 1 - دەرىجىلىك كارخانا مەبلىغى دەرىجىسىگە ۋە قانۇنىي ۋاكالەتچى سالاھىيىتىگە ئېرىشتى، تاشقى ئىقتىساد - سودا مىنىستىرلىكى بەرگەن تاشقى ئىقتىساد - تېخنىكا بويىچە بىرلىشىپ تىجارەت قىلىش ھوقۇقى ۋە چېگرا رايوندا ئاز سوممىلىق سودا تىجارىتى قىلىش ھوقۇقى بار.

لى بىڭ

## 6 كارخانا ISO9000 ئۆلچىمى بويىچە گۇۋاھلىقتىن ئۆتتى

1999 - يىلى شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىگە قاراشلىق شىنجاڭ 1 -، 2 -، 3 -، 4 -، 5 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركەتلىرى بىلەن شىنجاڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش ترانسپورت شىركىتىدىن ئىبارەت 6 كارخانا خەلقئارا سۈپەت ئۆلچىمى سىستېمىسى بويىچە گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، سۈپەت قوللانمىسى، پروگرامما ھۆججىتى، تېخنىكا قائىدىسى ۋە سۈپەت نىشانىنى جاكارلاپ، سۈپەت سىستېمىسىنى يۈرگۈزۈش باسقۇچىغا كىردى. بۇ كارخانىلار دۆلەت سۈپەت سىستېمىسى بويىچە گۇۋاھلىقتىن ئۆتكۈزۈش مەركەزلىرىنىڭ قاتتىق تەكشۈرۈشى ئارقىلىق، ISO9002 خەلقئارا سۈپەت ئۆلچىمى سىستېمىسى بويىچە گۇۋاھلىقتىن ئۆتتى.

لى بىڭ

## 2 ئورۇن ۋە 2 كىشى مەملىكەت بويىچە ئىلغار بولدى

1999 - يىلى مەملىكەتلىك قۇرۇلۇش ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت مۇھاكىمە يىغىنىدا، شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۇرۇھىنىڭ 4 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتىگە «مەملىكەتلىك قۇرۇلۇش ئىشچى - خىزمەتچىلىرى مۇنەۋۋەر سىياسىي مۇھاكىمە جەمئىيىتى» دەپ نام بېرىلدى؛ كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۇرۇھىنىڭ 3 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتىنى تۇنجى تۈركۈمدە «مەملىكەتلىك «4 - ماي، قىزىل بايراقدار ئىتتىپاق كومىتېتلىرى ئارا مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىنغان ئورۇن» دەپ تەستىقلىدى. قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى ئابدۇرېشىتكە «بىناكارلىق قۇرۇلۇشىدىكى بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتا مەملىكەت بويىچە ئىلغار شەخس» دەپ نام بەردى؛ مۇئاۋىن باش مەسئۇل بوغالتىر شۇ چۈنلىنغا دۆلەت مۇپەتتىشلىك مەھكىمىسى «ئىچكى مۇپەتتىشلىك خىزمىتىدە مەملىكەت بويىچە ئىلغار شەخس» دەپ نام بەردى.

لى بىڭ

## سۈپەت نازارەتچىلىكىدىكى مەملىكەت بويىچە ئىلغار ئورۇن ۋە ئىلغار شەخس باھالاندى

قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى 1999 - يىلى 6 - ئايدا ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، 21 ئورۇنغا قۇرۇلۇش سۈپىتى نازارەتچىلىكىدىكى «مەملىكەت بويىچە ئىلغار پونكىت» دەپ، 21 كىشىگە «قۇرۇلۇش سۈپىتى نازارەتچىلىكىدىكى مەملىكەت بويىچە ئىلغار خادىم» دەپ نام بەردى. بۇرتالا ئوبلاستلىق قۇرۇلۇش سۈپىتىنى نازارەت قىلىش پونكىتى بىلەن شىخەنزە شەھەرلىك بىناكارلىق قۇرۇلۇش سۈپىتىنى نازارەت قىلىش پونكىتىدىن ۋالڭ جياڭلارمۇ شۇ قاتاردىن ئورۇن ئالدى.

زو شۇشيالڭ

## 4 قۇرۇلۇشنىڭ لايىھىسى مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر قۇرۇلۇش لايىھىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى

1999 - يىلى قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكىنىڭ ماۋالىسى بىلەن جۇڭگو تەكشۈرۈش - لايىھىلەش جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان مەملىكەتلىك 8 - نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر قۇرۇلۇش لايىھىسىنى باھالاش پائالىيىتىدە، ئاپتونوم رايوندىن 4 قۇرۇلۇش لايىھىسى تۈرى مۇكاپاتلاندى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈش - لايىھىلەش تەتقىقات يۇرتى يوللىغان سەيندىن نېفىتلىكىنىڭ يەر ئۈستى قۇرۇلۇشى ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى لايىھىلەش يۇرتى يوللىغان شىنجاڭ ماناس ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 2 - قارارلىق 1000000 × 2 كىلوۋاتلىق گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇشى، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى تەكشۈرۈش - لايىھىلەش تەتقىقات يۇرتى يوللىغان قۇملۇق تاشيولىنىڭ شورتاڭدىن نىيىگىچە بولغان بۆلىكى ۋە شىنجاڭ ئالتۇن لايىھىلەش تەتقىقات يۇرتى يوللىغان شىنجاڭ ئاشى ئالتۇن كېنى قۇرۇلۇشىنىڭ لايىھىسى مىس مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

زو شۇشيالڭ

## مۇنەۋۋەر تەكشۈرۈش - لايىھىلەش مۇكاپاتى

1999 - يىلى قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى 1998 - يىللىق شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى بويىچە مىنىستىر دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر تەكشۈرۈش - لايىھىلەش مۇكاپاتىنىڭ باھالاش نەتىجىسىنى ئېلان قىلدى. ئاپتونوم رايوندىن 4 تۈر تەكشۈرۈش - لايىھىلەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، ئۇلاردىن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈش - لايىھىلەش يۇرتى يوللىغان ئۈرۈمچى - كۈيتۇڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولىنىڭ 4 - ئاچا يول بۆلىكى (K15+700−K18+650) ۋە شىمەن ئۆتۈشمە كۆۋرۈكى رايونىدىكى كۆمۈرى قېزىلىپ بولۇن قالغان رايوننىڭ مەخسۇس قۇرۇلۇش گېئولوگىيىسى تۈرى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. شىنجاڭ بىناكارلىق لايىھىلەش تەتقىقات يۇرتى يوللىغان «تەڭرىتاغ» تۇرلۇك ماللار سودا بىناسىنىڭ لايىھىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك باغۋاران (لايىھىلەش تەتقىقات يۇرتى يوللىغان تارىم نېفىت تەكشۈرۈش قوماندانلىق شتابىنىڭ تۇرالغۇ كىچىك رايونىنى كۆكەرتىش لايىھىسى ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك شەھەر ئۆلچەش - سىزىش يۇرتى يوللىغان ئۈرۈمچىنىڭ ئايروپىلان ئارقىلىق ئۆلچەنگەن 1:500 ماسشتابلىق رەقەملەشكەن يەر شەكلى خەرىتىسىنى ئۆلچەش - سىزىشتىن ئىبارەت 3 تۈر تەقدىرلەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

زو شۇشيالڭ

## تەكشۈرۈش - لايىھىلەش بويىچە مۇنەۋۋەر QC گۇرۇپپىسى باھالاندى

1999 - يىلى ھەر قايسى تەكشۈرۈش - لايىھىلەش ئورۇنلىرىنىڭ كۆرسىتىشى، باھالاش كومىتېتىنىڭ باھالىشى ئارقىلىق، 8 گۇرۇپپا مۇنەۋۋەر QC گۇرۇپپىسى مۇكاپاتىغا، بىر گۇرۇپپا رىغبەتلەندۈرۈش مۇكاپاتىغا باھالاندى، قۇرۇلۇش نازارىتى باھالاش نەتىجىسىنى ئېلان قىلدى.

زو شۇشيالڭ

## تەكشۈرۈش - لايىھىلەش ساھەسىدىكى 20 كۈچلۈك ئورۇن

1999 - يىل 6 - ئايدا قۇرۇلۇش نازارىتى 1998 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە قۇرۇلۇشنى تەكشۈرۈش - لايىھىلەش ساھەسىدىكى ئۇنىۋېرسال كۈرسەتكۈچنى ئورۇندىغان ئالدىنقى 20 ئورۇننى باھالاپ چىقتى ھەم ئۇلارنى ئېلان قىلدى.

ئۇلار تەرتىپ بويىچە تۆۋەندىكىچە: شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى تەكشۈرۈش - لايىھىلەش تەتقىقات يۇرتى، شىنجاڭ سۇچىلىق - سۇ ئېلېكتر تەكشۈرۈش - لايىھىلەش تەتقىقات يۇرتى، شىنجاڭ بىناكارلىق لايىھىلەش تەتقىقات يۇرتى، بىڭتۇەن تەكشۈرۈش - ئۆلچەش - لايىھىلەش يۇرتى، شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى لايىھىلەش يۇرتى، تۆمۈريول مىنىستىرلىكى 1 - تەكشۈرۈش - ئۆلچەش - لايىھىلەش يۇرتى ئۈرۈمچى شۆبىسى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول تەكشۈرۈش - ئۆلچەش - لايىھىلەش يۇرتى، شىنجاڭ تاشيول پىلانلاش - تەكشۈرۈش - لايىھىلەش يۇرتى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 1 - شىسى تەكشۈرۈش - ئۆلچەش - لايىھىلەش يۇرتى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى بىناكارلىق تەكشۈرۈش - پىلانلاش - لايىھىلەش يۇرتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈش - لايىھىلەش يۇرتى،

كۆمۈرچىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ ئۈرۈمچى لايىھەلەش تەتقىقات يۇرتى، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىنىڭ مايتاغ لايىھەلەش يۇرتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك بىناكارلىق لايىھەلەش يۇرتى، ئۈرۈمچى رەڭلىك مېتال لايىھەلەش تەتقىقات يۇرتى، شىنجاڭ شەھەر - يېزا پىلانلاش - لايىھەلەش يۇرتى، شىخەنزە شەھەرلىك بىناكارلىق پىلانلاش - لايىھەلەش يۇرتى، شىنجاڭ يېنىك سانائەت لايىھەلەش تەتقىقات يۇرتى، شىنجاڭ پولات - تۆمۈر لايىھەلەش يۇرتى، شىنجاڭ پوچتا - تېلېگراف لايىھەلەش يۇرتى.

زو شۇشياڭ

## قۇرۇلۇش ساھەسىدە كېڭەيتىلىدىغان يېڭى مەھسۇلاتلار

1999 - يىلى 50 كارخانىنىڭ 35 تۈرلۈك يېڭى مەھسۇلاتى ش ئۇ ئا ر قۇرۇلۇش پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ تاللاپ نەزەرىيە جەھەتتىن دەلىللىشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، قۇرۇلۇش نازارىتى ئۇلارنى ئاپتونوم رايوننىڭ قۇرۇلۇش ساھەسىدە كېڭەيتىلىدىغان يېڭى مەھسۇلات قاتارىغا كىرگۈزدى. ئۇلار مۇنۇلار: سوغۇق پروكاتلانغان ياپىلاق پولات چىۋىق، تولۇق ئاپتوماتىك ئېلېكتر بىسىم ئاسرىغۇچ، ئىسسىقلىق تارقاتقۇچنىڭ TIW — 10J تىپلىق 3 يوللۇق تەڭشەش كىلاپىنى، PEX بىرىكمە پولى ئېتىلېنلىق تۇرۇبا ۋە ئۇنىڭ سەپلىمىلىرى، PVC — U رىزىبىسىمان تۈۋەن شاۋقۇنلۇق يۇندا تۇرۇبىسى ۋە تۇرۇبا سەپلىمىلىرى، چوڭ كالىبىرلىق قوش دىۋارلىق رىزىبىسىمان تۇرۇبا، PVC قاتتىقلاشتۇرۇلغان سۇلياۋ ئىشىك - دېرىزە، سۇ سىڭمەس، سۇ تاشماس لەيلىمە ئەۋرەز قاپقىقى، قېتىمغا پولات تور ئېلىنغان پولى ستىرېنلىق تاختا، RG كۆچەيتىلگەن پلاستىرلىق سۇ يۇقماس سۇۋاقلىغۇ، RG ئۆيگە ئىشلىتىلىدىغان يىلىملىق سۇ يۇقماس سۇۋاقلىغۇ، GT قاتتىقلاشتۇرۇلغان سۇ يۇقماس ماتېرىيال، لىنتىيلىق كرېمنىي پاراشوكى، ئۆيۈل تاختىلىق ئىشىك، XJ — 88 سۇدا ئېرىشچان سۇۋاقلىغۇ، يۇقىرى ئىقتىدارلىق ساپال سۇيى، پولى ئېتىلېن ئاكرىللىق قوش يۈزلۈك سۇ يۇقماس ئورام ماتېرىيالى، يېڭىچە پولات تۈۋرۈكلۈك قاناتسىمان چىرىشقا چىدام‌لىق ئىسسىقلىق تارقاتقۇچ، ئاپتوماتىك كۆمۈلمە ياپىلىق كەپشەرلەپ ئۇلانغان H شەكىللىك پولات، SBS ئېلاستىكىلىق ئۆزگەرىشچان ئاسفالتلىق سۇ يۇقماس ئورام ماتېرىيالى، كۆپتۈرمە ئۆزەكلىك PVC تۇرۇبا ماتېرىيالى، PVC — U يۇندا تۇرۇبىسى، بىناكارلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ئىزوللىياتورلۇق كالون، SBS، APP ئۆزگىرىشچان ئاسفالتلىق سۇ يۇقماس ئورام ماتېرىيالى، HOBAS مەركەزدىن قاچۇرۇپ قويۇپ ياسالغان ئەينەك تالالىق قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان كۈچەيتىلگەن سۇلياۋ تۇرۇبا، O. M. P ئۆزگىرىشچان ئاسفالتلىق سۇ يۇقماس ئورام ماتېرىيالى، گۈڭگۈرتسىزلەندۈرۈلگەن خلورلۇق پولى ئېتىلېنلىق سۇ يۇقماس ئورام ماتېرىيالى، بىناكارلىقتا ئىشلىتىلىدىغان يىلىم، پىشۇرۇلغان كۆپ تۆشۈكلۈك ئۆيۈل خىش، ئېچىدىن چىرىشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ئاليۇمىنىدىن ياسالغان ئالاھىدە ئىسسىقلىق تارقاتقۇچ، ياپىلاق پولات چىۋىق كۆزنەكلىك قىسما ئۆلىغۇچ، كوكس مېيىلىق پولى ئورېتانلىق سۇ يۇقماس سۇۋاقلىغۇ، ئاليۇمىن - سۇلياۋ بىرىكمە تۇرۇبا، قويما تۆمۈر تۈۋرۈكلۈك قاناتسىمان ئىسسىقلىق تارقاتقۇچ، بېتوننى تېز سۇسىزلاندۇرۇش خورۇچى، بالدۇر كۈچەيتكۈچ سۇسىزلاندۇرۇش خورۇچى، توڭلاتماس خورۇچ، گاز تارتىش خورۇچى، ئاققۇزۇش خورۇچى، كۆپتۈرمە، ABS جۈمەك ۋە كىلاپان، سۇغا چىداملىق، ساپال دانچىلىق يېنىك گاراتام تاختىسى.

فىلڭ يۇخۇا

## بىناكارلىقتا يېڭى تېخنىكا قوللىنىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش قۇرۇلۇشى

1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە بىناكارلىقتا ئومۇملاشتۇرۇلۇپ قوللىنىلىدىغان يېڭى تېخنىكا بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش قۇرۇلۇشىدىن 15ى تۈرغۇزۇلدى، ئۇلارنىڭ 3 ى دۆلەت دەرىجىلىك، 12 سى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك. 1999 - يىلى 8 تۈر تۇرغۇزۇلدى، ئۇنىڭ بىرى دۆلەت دەرىجىلىك.

1999 - يىلى دۆلەت دەرىجىلىك ئۈلگە كۆرسىتىلىدىغان بىر تۈر تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى، ئۇ مەملىكەتنىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە يەتتى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 6 تۈر تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى، ئۇلار ئاپتونوم رايون بويىچە ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتتى. يىل ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايون بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىلىدىغان قۇرۇلۇشتىن 8ى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى، ئۇلارنىڭ 2 سى دۆلەت دەرىجىلىك، 6 سى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك.

لى يېپىڭ

## بىناكارلىقنىڭ ئېنېرگىيە تېجەش

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە بىناكارلىقتا 50% ئېنېرگىيە تېجىلىدىغان بىر تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشى، يەنى ش ئۇ ئا ر تامچىلىق ئىسلاھاتى ئىشخانىسىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 3350 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان تۇرالغۇ ئۆي بىناسى

# كارتوگرافىيە

## كارتوگرافىيە ئىدارىسى خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر كارتوگرافىيە ئىدارىسى تۆرلۈك خەرىتىدىن 235نى تەكشۈردى، قەشقەر ۋىلايەتلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى قانۇنغا خىلاپ ھالدا تۈزگەن، ئېغىر سىياسىي خاتالىق بار «جۇڭگو شىنجاڭ قەشقەرنىڭ ساياھەت خەرىتىسى (خەنزۇچە، ئىنگلىزچە نەشرى)»نى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى ھەم 54 مىڭنى مۇسادىرە قىلىپ كۆيدۈرۈۋەتتى؛ «شىنجاڭ خەلق ئاۋىئاتسىيىسى» ژۇرنىلى تۈزگەن ئۈرۈمچى ئايروپىلانلارنىڭ ئۇچۇش يۆنىلىشى خەرىتىسىدىكى ۋە سودا ئېلانلىرىدىكى كۆپ قېتىملىق خاتالىق كۆرۈلۈش ئەھۋالىنى، جۇڭگو نەنخەي تاقىم ئاراللىرى دياۋيۈداۋ ئارىلى، چۈەنبىيۇ ئارىلىنىڭ چۈشۈپ قېلىش ئەھۋاللىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى، چىڭداۋ «خەيئېر» گۇرۇھى ھاۋادان شىركىتى، گۇاڭدۇڭ كېلوڭ ئېلېكتر سايمانلىرى پاي چەكلىك شىركىتى، كاڭجيا ئېلېكتر سايمانلىرى شىركىتىنىڭ سودا ئېلانى ئۈچۈن تۈزگەن جۇڭگو خەرىتىسىدىكى تەيۋەن ئارىلى، خەينەن ئارىلى، نەنخەي تاقىم ئاراللىرى، چۈەنبىيۇ ئارىلىنىڭ چۈشۈپ قېلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى. سودا ئېلانلىرى ئۈچۈن ئىشلەنگەن خاتا كەتكەن خەرىتىلەردىن 7000 دىن ئارتۇقنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى.

مۇشۇ يىلى ش ئۇ ئا ر كارتوگرافىيە ئىدارىسىنىڭ كارتوگرافىيە مەھسۇلات قىممىتى 9 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %4 .20 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە پىلاندىكى ۋەزىپىسىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 618 مىڭ يۈەن، بازار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش ۋەزىپىسىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 8 مىليون 273 مىڭ يۈەن. شىنجاڭ 1 - كارتوگرافىيە يۈرتى رەقەملەشكەن سانلىق مەلۇمات مىقدارىنى 7476 MB غا، 2 - كارتوگرافىيە يۈرتى رەقەملەشكەن سانلىق مەلۇمات مىقدارىنى 3946 MB غا يەتكۈزدى. سانجىنىڭ يەر تەۋەلىكى ئۇچۇر سىستېمىسى بويىچە تەرەققىيات مەھسۇلات قىممىتىنى 110 مىڭ يۈەن ئورۇندىدى. كارتوگرافىيە



ش ئۇ ئا ر كارتوگرافىيە ئىدارىسىدىكى مەشغۇلاتچىلار تولۇق رەقەملەشكەن خىزمەت پونكىتىدا خەرىتە سىزماقتا.

شى شىخچىڭ

تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى. يىل ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايون بويىچە يىگىچە تام ماتېرىيالى ئىشلىتىلگەن بىناكارلىق قۇرۇلۇشى كۆلىمى 10 مىليون كۋادرات مېتىرغا يەتتى، ئۇلاردا ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسى سىڭىقى ئىشلەنگەندىن كېيىن، ئېنېرگىيىنى %30 تېجەيدىغان تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇش كۆلىمى 360 مىڭ كۋادرات مېتىر، ئېنېرگىيىنى %50 تېجەيدىغان تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇش كۆلىمى 60 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ چىقتى.

لى يىپىڭ

## «خەيدې» مېھمانخانىسى قۇرۇلۇشى «لۇبەن» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى

شىنجاڭ 1 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى باش ھۆددىگەر بولۇپ سالغان شىنجاڭ «خەيدې» مېھمانخانىسى قۇرۇلۇشى 1999 - يىللىق جۇڭگو بىناكارلىق قۇرۇلۇشى بويىچە «لۇبەن» مۇكاپاتى (مەملىكەتلىك ئەلا سۈپەتلىك قۇرۇلۇش مۇكاپاتى)غا ئېرىشتى. بۇ شىركەت «خەيدې» مېھمانخانىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئالاھىدە قاتتىق بېتون، ھەم چىقىش جازىسى ئىشلەتكەن، تەكشۈرۈش - ئۆلچەشكە كومپيۇتېر تېخنىكىسى قوللىنىپ، قۇرۇلۇش سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلغان.

زو شۇشياڭ

مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش پونكىتى 331 تۈۋرۈك، 401 نۇقتا، 88 مىنىرال، 92 ئارىلىق ئۆلچىگۈچ، 30 دانە GPS قوبۇللىغۇچنى رېمونت قىلدى ۋە باھالاپ بېكىتتى. 280 تىزگىنلەش نۇقتىسىنى، 296.6 كىلومېتىر نۇقتىلىق كۆزىتىلگەن لىنىيىنى، ئايروپىلان ئارقىلىق ئۆلچەش ۋە دالادا ئۆلچەش ئارقىلىق ئىشلەنگەن 6 خەرىتە، 21 يەر شەكلى خەرىتىسىنى تەكشۈردى. تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىش، باھالاپ بېكىتىش، سۈپەت تەكشۈرۈش بويىچە مەھسۇلات قىممىتى 389 مىڭ 800 يۈەنگە يەتتى. كارتوگرافىيە ماتېرىياللىرى ئارخىپخانىسى مۇشۇ يىلى 1:500 ~ 1:5000، 1:10000، 1:25000 ماسشتابلىق يەر شەكلى خەرىتىسىدىن 729نى، 1:50000، 1:100000، 1:250000، 1:500000، 1:1000000 ماسشتابلىق يەر شەكلى خەرىتىسىدىن 2616 نى ساتتى؛ سىرتقى ئورۇنلار ئۈچۈن خەرىتە يۈزىگە سۈلياۋ قاپلاش، خەرىتە كۆچۈرۈش، خەرىتىنى سۈرەتكە تارتىش، رەقەملەشتۈرۈلگەن خەرىتە ئىشلەش قاتارلىقلار بويىچە 340 مىڭ 900 يۈەن مەھسۇلات قىممىتى ياراتتى.

شيا يىلڭ

## ئاساس كارتوگرافىيە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى

1999 - يىل 10 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئاپتونوم رايون بويىچە تۈنجى قارارلىق ئاساس كارتوگرافىيە — «ئالتاي ئۆلچەش رايونىدىكى سۇ باشلاش قۇرۇلۇشى ۋە يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتى ئاساس كارتوگرافىيىسى» ش ئۇ ئا ر كارتوگرافىيە ئىدارىسى، پىلان كومىتېتى، مالىيە نازارىتى، ئالتاي ۋىلايەتلىك پىلان كومىتېتى، مالىيە ئىدارىلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

ئالتاي ئاساس كارتوگرافىيە قۇرۇلۇشىدا ئورۇندالغان خىزمەت مىقدارى: ئالىي گېئودېزىيىلىك تىزگىنلەش نۇقتىسى بويىچە كۆمۈلگەن بەلگە تاش نۇقتىسى 45، كۆزىتىپ ھېسابلانغان GPS نۇقتىسى 58؛ 4 - دەرىجىلىك نۇقتىلىق بىرلەشمە كۆزىتىپ ئۆلچەنگەن ئارىلىق 300 كىلومېتىر، ئايروپىلاندا ۋە دالادا تارتىلغان سۈرەتلەرنى بىرلەشتۈرۈش ئۆلچەش ئارقىلىق ئىشلەنگەن خەرىتە 122، سۈرەت تەكشۈرۈلۈپ سىزىلغان خەرىتە 122، ئايروپىلاندا سۈرەتكە تارتىش ۋە ئىچكى مەشغۇلات ئارقىلىق، ئىشلەنگەن خەرىتە 122. بۇ نەتىجىلەر ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ سۇ باشلاش قۇرۇلۇشىنى ۋە يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىنى ئىشەنچلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى.

شيا يىلڭ

## مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇھىت بايلىقى كومىتېتى شىنجاڭغا كېلىپ، «كارتوگرافىيە قانۇنى»نىڭ ئىجراسىنى تەكشۈردى

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مۇھىت بايلىقى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىر ئەزاسى لى مېڭ باشچىلىقىدىكى 3 كىشىدىن تەشكىللەنگەن «كارتوگرافىيە قانۇنى»نىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈردى. بۇ گۇرۇپپا 1999 - يىل 10 - ئاينىڭ 11 — 18 - كۈنلىرى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى، شىخەنزە شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى، تۇرپان ۋىلايەتلىك، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىلىرىنىڭ «كارتوگرافىيە قانۇنى»نى ئىزچىللاشتۇرۇش، يولغا قويۇش توغرىسىدا بەرگەن خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى؛ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى ۋە كارتوگرافىيە ساھەسىدىكى «A» دەرىجىلىك قىسمەن ئورۇنلارنىڭ قاتنىشىشىدا سۆھبەت يىغىنى ئاچتى؛ شىنجاڭ 2 - كارتوگرافىيە يۇرتى، شىنجاڭ كارتوگرافىيە ماتېرىياللىرى ئارخىپخانىسى، ئۈرۈمچى، شىخەنزە، تۇرپان شەھەرلىرىدىكى ۋە قەشقەر ۋىلايىتىدىكى قىسمەن كارتوگرافىيە ئاساسىي مۇئەسسەسەلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، شىنجاڭنىڭ كارتوگرافىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن پىكىر، تەكلىپلەرنى بەردى.

شيا يىلڭ

## ئۈرۈمچىنىڭ 1:25000 ماسشتابلىق كوچا - رايونلار خەرىتىسى مۇكاپاتقا ئېرىشتى

شىنجاڭ كارتوگرافىيە ماتېرىياللىرى ئارخىپخانىسى تۈزگەن «ئۈرۈمچىنىڭ 1:25000 ماسشتابلىق كوچا - رايونلار خەرىتىسى» 1999 - يىل 8 - ئايدا ئاپتونوم رايوندا ئېچىلغان شىنجاڭ ئۇچۇرلاشتۇرۇلغان قۇرۇلۇش مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۆرگەزمىسىدە، ش ئۇ ئا ر ئۇچۇرلاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن ئاپتونوم رايوننىڭ ئۇچۇرلاشتۇرۇلغان قۇرۇلۇشى بويىچە مۇنەۋۋەر تۈر بولۇپ باھالاندى. بۇ خەرىتە ئۈرۈمچىنىڭ 1:25000 ماسشتابلىق يەر شەكلى خەرىتىسى ئاساسىدا، شەھەر مەمۇرىيىتى يول ئاسراش باشقارمىسى تەمىنلىگەن ئەڭ يېڭى يول، كۆۋرۈك، ماتېرىياللار ئەمەلىي ئاساس قىلىنىپ، ئىشلەنگەن، ئۈرۈمچىنىڭ 7 رايون، بىر ناھىيىسىدىن ئىبارەت مەمۇرىي رايونلىرى رەڭ بىلەن ئايرىلغان، چوڭ كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ تۇرۇشلۇق جايى چېكىت بىلەن ئىپادە قىلىنغان. سانلىق مەلۇمات مىقدارى 9 مېگا، چوڭ - كىچىكلىكى ھەرخىل، رەڭ بېرىلگەن، ۋېكتورلۇق سانلىق مەلۇمات ئاساسىدا، ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ

ئېھتىياجىغا ئاساسەن، خاس مەزمۇندىكى سانلىق مەلۇمات ۋە ئاسما خەرىتە ئىشلەنگەن.

شيا يەڭ

## غەربىي رايوننى ئېچىش ئىشلىرىنى كارتوگرافىيە كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش

1999 - يىلى شىنجاڭ 1 - كارتوگرافىيە يۈرتى ئاپتونوم رايوننىڭ ئاساس مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى مۇلازىمىتى بويىچە دۆلەت يولى 314 - لىنىيىسىنىڭ خوشۇتتىن كورلىغىچە بولغان تېز سۈرئەتلىك تاشيول قۇرۇلۇشى ئۈچۈن، 178 كىلومېتىر ئارىلىقنىڭ يەرشەكلىنى 2000 : 1 ماسشتاب بويىچە ئۆلچىدى. كورلىنىڭ 1000 : 1 ماسشتابلىق يەر شەكلى خەرىتىسى ئۈچۈن 45 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىنى ئۆلچىدى؛ ئاقسۇ شەھىرىنىڭ 500 : 1 ماسشتابلىق رەقەملەشتۈرۈلگەن يەر تەۋەلىكىنى ئۆلچەش بويىچە 30 كۋادرات كىلومېتىر يەرنىڭ ئىگىدارلىقىنى تەكشۈردى ۋە يەر تەۋەلىكىنى ئۆلچىدى؛ تۇمشۇقنىڭ 1000 : 1 ماسشتابلىق يەر شەكلى خەرىتىسى ئۈچۈن 25 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىنى ئۆلچىدى؛ ئۈرۈمچى قىزىلتاغنى 1 - دەرىجىلىك نۇقتىلىرلىق بىرلەشمە كۆزەتتى، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 30 كىلومېتىر؛ ئىلى دەريا ۋادىسىنى ئايروپىلاندا سۈرەتكە ئېلىش ۋە دالادا ئۆلچەش ئارقىلىق 140 نۇسخا خەرىتە ئىشلىدى، GPS نۇقتىسىدىن 60نى كۆزەتتى، 200 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقنى 3 -، 4 - دەرىجىلىك نۇقتىلىرلىق بىرلەشمە كۆزەتتى.

شىنجاڭ 2 - كارتوگرافىيە يۈرتى چىڭخوزا ئۆلچەش رايوندا دالا مەشغۇلاتى ئارقىلىق 1000 : 1 ماسشتابلىق رەقەملەشكەن ئۆلچەش خەرىتىسىدىن 80نى ئىشلىدى؛ بۆرچىن ناھىيىسىنىڭ «قاناستاغ كەنتىنىڭ ستېرېئولۇق مودېل خەرىتىسى»نى ۋە «قورغاس ناھىيىسىنىڭ ستېرېئولۇق مودېل خەرىتىسى»، «ئورمانچىلىق نازارىتىنىڭ ياۋايى ھايۋانلار مۇھاپىزەت رايونى مودېل خەرىتىسى»، «ئاقسۇنى پىلانلاش مودېل خەرىتىسى»، «ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ مودېل خەرىتىسى»، «ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئېتىز - ئېرىق، سۇچىلىق، نېفىت، تەبىئىي گاز تەرەققىيات خەرىتىسى»نى ئىشلىدى؛ Spot ۋە TM سانلىق مەلۇماتىدىن پايدىلىنىپ، ئۈرۈمچىنىڭ 5000 : 1 ماسشتابلىق يىراقتىن تارتىلغان سۈرەتلىك خەرىتىسى، 25000 : 1 ماسشتابلىق سۈرەتلىك خەرىتىسى، يەر ئىشلىتىشنى تۈرلەرگە ئايرىش خەرىتىسى، شەھەرنىڭ ئۆزگىرىش - يۆتكىلىش خەرىتىسىنى ئىشلىدى؛ چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ 8 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىسىنى دالا مەشغۇلاتى ئارقىلىق ئۆلچەپ 1000 : 1 ماسشتابلىق خەرىتىسىنى ۋە ئىچكى مەشغۇلات ئارقىلىق تەييارلىغان رەقەملەشكەن خەرىتىسىنى پۈتكۈزدى. ئۈرۈمچى شەھىرى شىنگو رايوننىڭ 9 كۋادرات كىلومېتىر يەر تەۋەسىنى ئۆلچەپ سىزدى. بۇ تۈر، ۋەزىپىلەرنىڭ ئاملىنىشى ئاپتونوم رايوننىڭ ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ۋە دېھقانچىلىق، سۇچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىشەنچلىك كارتوگرافىيە كاپالىتى بىلەن تەمىنلىدى.

شيا يەڭ

## ئىلى دەرياسى ۋادىسى ئايروپىلان ئارقىلىق سۈرەتكە تارتىلدى

جۇڭگو ئاۋىئاتسىيە يىراقتىن سېزىش مۇلازىمەت شىركىتى 1999 - يىل 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە شىنجاڭنىڭ ئاساس كارتوگرافىيە قۇرۇلۇشى بولغان ئىلى دەرياسى ۋادىسى رايونى ئاساس خەرىتىسىنى سىزىش بويىچە 10 مىڭ 76 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىنى ئايروپىلان ئارقىلىق سۈرەتكە ئېلىشنى تاماملىدى. بۇ قېتىمقى ئايروپىلاندا سۈرەتكە ئېلىش ئارقىلىق، ئىلى دەرياسى ۋادىسى رايوننىڭ دېھقانچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، سۇچىلىق ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى ئاساس كارتوگرافىيىگە بولغان جىددىي ئېھتىياجى قاندۇرۇلدى.

شيا يەڭ

# مۇھىت ئاسراش

## مۇھىت باشقۇرۇش

### ئومۇمىي بايان

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى، مەركەزنىڭ نوپۇس، بايلىق، مۇھىت خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، رەئىسلەر مەمۇرىيەت يىغىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مۇھىت ئاسراش خىزمىتى تېلېۋىزىيە تېلېفون يىغىنى ئېچىپ، مۇھىت ئاسراش توغرىسىدىكى خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى، ئاپتونوم رايوندىكى گەۋدىلىك مۇھىت مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش توغرىسىدا مۇھاكىمە ئېلىپ باردى، ئاپتونوم رايون بويىچە «بىرنى تىزگىنلەشتە قوش ئۆلچەمگە يېتىش» خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى ۋە بۇ خىزمەتكە سەپەرۋەر قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنىدا قىلغان سۆزىدە مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى چوقۇم ئومۇمىي مەنپەئەت ۋە يىراق كەلگۈسى مەنپەئەتنى قوغداشنى ئاساس قىلىپ، مۇھىتنى بۇلغاش بەدىلىگە قىسقا مۇددەتلىك ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئاشۇرىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلماسلىقى، مۇھىت ئاسراش، ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلۇش بىلەن ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، بۇ خىزمەتنى ئۆز جايىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىغا كىرگۈزۈپ، ئۆز رايونىدا پەيدا بولغان ئاساسلىق مۇھىت مەسىلىلىرىنى ۋاقتىدا مۇھاكىمە قىلىپ ھەل قىلىش كېرەك. مۇھىت خىزمىتىدە ھەقىقەتەن نەتىجە يارىتىلغان ياكى يارىتىلمىغانلىقىنى شۇ جايدىكى ئاساسلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ سىياسىي ئۆتۈكلىرىنى سىناشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىش كېرەك.

1999 - يىلى «ئاپتونوم رايوننىڭ 2000 - يىللىق بۇلغاش مەنبەلىرىدە ئۆلچەمگە يېتىش بويىچە بۇلغىمىلارنى قويۇپ بېرىش خىزمىتى لايىھىسى» ئەستىقلاپ يولغا قويۇلۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق بۇلغىغۇچى كارخانىدىن 167 كارخانىنىڭ نامى ئېلان قىلىندى، ئاپتونوم رايون باشقۇرىدىغان 65 نۇقتىلىق بۇلغاش مەنبەسىنى چەكلىك مۇددەتتە تۈزەش توغرىسىدا قارار چىقىرىلدى. شۇ يىلى كۆكەرتىش قۇرۇلۇش پىلانى تۈرىدىن 2 سى تاماملاندى، بۇنىڭ بىلەن تاماملانغان تۈر 11گە يېتىپ، ئومۇمىي تۈرنىڭ 45.8%نى ئىگىلىدى، بۇ تۈرلەرگە 382 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. جايلار قويۇپ بېرىلىدىغان بۇلغىمىلارنىڭ ئومۇمىي مىقدارىنى تىزگىنلەش پىلانىنى يولغا قويۇش ئىشىنى مۇقىم ئىلگىرى سۈردى. 198 كارخانىنىڭ قويۇپ بېرىلىدىغان بۇلغىمىلارنىڭ ئومۇمىي مىقدارىنى تىزگىنلەش پىلانىنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى، بۇلغاشنى ئوڭشاش تۈرىدىن 35ى نۇقتىلىق تەكشۈرۈلدى. 12 تۈرلۈك ئاساسلىق بۇلغىمىلارنىڭ ئومۇمىي مىقدارىنى تىزگىنلەش كۆرسەتكۈچى ئىچىدە، سانائەت يۈندىسى ۋە نېفىت ئورۇنلىرى قويۇپ بەرگەن بۇلغىما مىقدارى 2960.96 توننىغا يېتىپ، 824.96 توننا ئېشىپ كەتتى؛ قويۇپ بېرىلگەن ئىس - تۈتەك مىقدارى 243 مىڭ 900 توننىغا يېتىپ، 3921.62 توننا ئېشىپ كەتتى؛ باشقا كۆرسەتكۈچلەر ئومۇمىي مىقدارنى تىزگىنلەش پىلانى ئىچىدە بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە ۋە ناھىيىدىن يۇقىرى سانائەت ئورۇنلىرى قويۇپ بەرگەن گۈڭگۈرت ئوكسىدىنىڭ مىقدارى 182 مىڭ 300 توننىغا، ئىس - تۈتەك مىقدارى 101 مىڭ 500 توننىغا، چاڭ - توزان مىقدارى 99 مىڭ 700 توننىغا، خىمىيىلىك خورىغان ئازوت مىقدارى 105 مىڭ 700 توننىغا، سانائەت ئورۇنلىرى چىقارغان كېرەكسىز قاتتىق ماددا مىقدارى 179 مىڭ توننىغا يەتتى، گۈڭگۈرت ئوكسىدى 1998 - يىلدىكىدىن 2.9% كۆپىيىپ كەتكەندىن باشقا، قالغانلىرى سەل ئازايدى. ئاپتونوم رايون بويىچە سانائەت يۈندىسىنى قويۇپ بېرىشنىڭ ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى 43.4%، سانائەت ئورۇنلىرى چىقارغان كېرەكسىز گازنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىش نىسبىتى 92.3%، سانائەت ئورۇنلىرى چىقارغان كېرەكسىز قاتتىق ماددىلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش نىسبىتى 38.1% بولدى، يۈندا ۋە كېرەكسىز قاتتىق ماددىلارنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش نىسبىتى بىر ئىزدا توختاپ قالدى. ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئاتموسفېراسىنىڭ بۇلغىنىشىنى تۈزەشتە دەسلەپكى ئۈنۈم كۆرۈلدى. بىر يىلدا 540 مىڭ كۋادرات مېتىر يېشىللىق كۆپەيتىلدى، 132 ئورۇننى تورلاشتۇرۇپ ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش ئىشقا ئاشۇرۇلدى،

يېڭىدىن 1 مىليون 470 مىڭ كۋادرات مېتىر ئىسسىقلىق بىلەن مەركەزلەشتۈرۈپ تەمىنلەش كۆلىمى كۆپەيتىلدى، تارقاق ئىسسىنىش پارقازىنىدىن 268 ى، تۈرخۇندىن 182 سى، شەھەر بىلەن يېزا تۇتاشقان جايدىكى تارقاق كىچىك پارقازاندىن 530 ى چېقىۋېتىلدى، 1604 تاماق ئېتىش ئوچىقى پاكىز يېقىلغۇ قاللىنىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىلدى، 40 نەچچە مىڭ ئاپتوموبىلدىن چىقىدىغان گاز تەكشۈرۈپ ئۆلچەندى، 11 مىڭ 71 ئاپتوموبىل چەكلىك مۇددەتتە تۈزەلدى. قىشتىكى ئاتموسفېرا مۇھىتىنىڭ سۈپىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، ھاۋانىڭ بۇلغىنىش كۆرسەتكۈچى 1998 - يىلدىكى 266 دىن 181 گە چۈشتى.

ۋاڭ كۈن

## مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مۇھىت كومىتېتىدىكىلەر شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مۇھىت ۋە بايلىق مەنبەسىنى قوغداش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋاڭ تاۋ، ئەزاسى چېن چيەن قاتارلىق 8 كىشى شىنجاڭغا كېلىپ 1999 - يىل 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە «مۇھىت تەسىرىگە باھا بېرىش قانۇنى»نى قانۇن تۈرغۇزۇش جەھەتتىن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ھەمدە خىزمەتلەرنى تەكشۈردى ۋە خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلدى. ئۇلار شىنجاڭدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان مەزگىلدە ۋاڭ تاۋ ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن بىلەن شىنجاڭنىڭ مۇھىتىنى قوغداش مەسىلىسى ئۈستىدە سۆھبەتلەشتى، ش ئۇ ئا ر مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى قاتارلىق ئالاقىدار ئورۇنلار ۋە قاراماي، تۇرپان - قۇمۇل، تارىم نېفىتلىكىدىن ئىبارەت 3 چوڭ نېفىتلىكنىڭ دوكلاتىنى ۋە قانۇن تۈرغۇزۇشقا دائىر تەكلىپ، پىكىرلەرنى ئاڭلىدى. باغراش كۆلى، تارىم دەرياسى ۋە تارىم نېفىتلىكىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى نەق مەيدانغا بېرىپ تەكشۈردى ھەمدە شىنجاڭنىڭ ئاتموسفېراسى ۋە سۈيىنىڭ بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش، نېفىتلىكنى تەكشۈرۈش، ئۆزلەشتۈرۈش ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇق بەردى.

ۋاڭ كۈن

## مۇھىت قانۇنچىلىقى قۇرۇلۇشى

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «ئالتۇنتاغ دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنى باشقۇرۇش چارىسى»نى ئېلان قىلىپ يولغا قويدى، ش ئۇ ئا ر مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى چوڭ - چوڭ مۇھىت مەمۇرىيىتى بويىچە جازالاش قارارلىرىنى ئەنگە ئالدۇرۇش تۈزۈمى ۋە مۇھىت مەمۇرىيىتى بويىچە قانۇننى ئىجرا قىلىش ھەرىكەتلىرىنى نازارەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى تۈزۈپ تارقاتتى، مۇھىت مەمۇرىيىتى بويىچە قانۇننى ئىجرا قىلىشقا دائىر 12 ھۆججەتنى تولۇقلىدى، مۇھىت قائىدە - نىزاملىرى ۋە 7 قارار مۇھىت نازارەتچىلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، 600 نەچچە ئادەم (قېتىم) نى تەربىيىلىدى. جايلار قانۇننى ئىجرا قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، مۇھىت جەھەتتە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش قىلمىشلىرىدىن 101 نى مەمۇرىي جەھەتتىن جازالىدى؛ مۇھىت مەمۇرىيىتى بويىچە قايتا قاراپ چىقىلىدىغان دېلودىن 20 نى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون بىۋاسىتە قوبۇل قىلغىنى 4، قايتا قاراپ چىقىلغاندىن كېيىن ئەسلىدىكى كونكرېت مەمۇرىي قىلمىش ساقلاپ قېلىنغىنى 12؛ مۇھىت مەمۇرىيىتى بويىچە ھەق - تەلەپ دەۋاسى دېلوسى 2 بولۇپ، مۇھىت ئاسراش تارماقلىرى ھەممىسىدە دەۋادا ئۇتتى.

ۋاڭ كۈن

## قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ مۇھىتىنى باشقۇرۇش

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون تارىم نېفىتلىكى بىلەن قاراماي نېفىتلىكىنى ئېچىش تۈرىنىڭ مۇھىتىنى باھالاش ۋە بىرلا ۋاقىتتا لايىھىلەش، بىرلا ۋاقىتتا ئىش باشلاش، بىرلا ۋاقىتتا ئىشقا كىرىشتۈرۈش ئىشىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئىشىنى تەشكىللىدى. مۇھىتنى باھالاش بويىچە كىنىشكا ئېلىشنى ئىلتىماس قىلغان 15 ئورۇن سىناپ كۆرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە «ئا» دەرىجىلىك كىنىشكا ئالغان ئورۇن 4، «ب» دەرىجىلىك كىنىشكا ئالغان ئورۇن 10. ئاپتونوم رايون بويىچە مەلۇم قىلىنغان 371 تۈرنىڭ مۇھىتى باھالاندى، بۇنىڭ ئىچىدە تەكشۈرۈپ تەستىقلانغان مۇھىت تەسىرىگە دائىر دوكلات 34، مۇھىت تەسىرىگە دائىر دوكلات جەدۋىلى 304، چېتىشلىق تۈرلەردىن مۇھىت ئاسراش مۇئەسسەسەلىرىگە سېلىنىدىغان مەبلەغ 694 مىليون 990 مىڭ يۈەن بولۇپ، سېلىنىدىغان ئومۇمىي مەبلەغنىڭ %83.6نى ئىگىلىدى. «ئۈچنى بىرلا ۋاقىتتا ئىشلەش» بويىچە پۈتكۈزۈلۈپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنغان تۈر 131، تۈرلۈك بۇلغىمىلارنى قويۇپ بېرىش مىقدارى ئاساسەن ئۆلچەمگە يەتكەن تۈر 126، «ئۈچنى بىرلا ۋاقىتتا ئىشلەش»نىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %96.18 بولدى. قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ مۇھىتىنى باھالاپ باشقۇرۇشتا بۇلغىمىلارنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارىنى تىزگىنلەش ۋە ئېكولوگىيىنى قوغداش مۇھىت باھالاش دوكلاتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىنىڭ بىرى شۇنىڭدەك قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلارنىڭ تۈرلەرنىڭ مۇھىتىنى

ئاسراش تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇش جەھەتتە ئىجرا قىلىش پىلانى تۈزۈشنى تەكشۈرۈپ ئۈنۈملۈك ئاساسى قىلىش كېرەك.

دۆلەت ياسىن

## مۇھىتنى نازارەت قىلىش

ئاپتونوم رايون بويىچە 1999 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە مۇھىتنى نازارەت قىلىش پونكىتى (ئورنى) دىن 55 ى قۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە قۇرۇلغىنى 20، ناھىيە (شەھەر) لەردە قۇرۇلغىنى 35. مۇھىتنى نازارەت قىلىش خىزمىتىدە قانۇننى نەق مەيداندا ئىجرا قىلىش سالمىقى ئۈزلۈكسىز زورايتىلىپ، نەق مەيداندا نازارەت قىلىش قېتىم سانى 20 مىڭ 108 گە يەتتى. ياسىلىۋاتقان ئۈرۈمچى — كۈيتۇڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولى، بۇلغىمىلارنى قويۇۋېتىشتە ئۆلچەمگە يېتىش يولغا قويۇلغان نۇقتىلىق بۇلغىغۇچى كارخانىلار، چەكلىك مۇددەتتە تۈزەش تۈرلىرى ۋە قۇرۇلۇش تۈرلىرى جەھەتتىكى «ئۈچنى بىرلا ۋاقىتتا ئىشلەش» نىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى نەق مەيداندا كۆزىتىپ تەكشۈرۈلدى. بۇلغاشنى تۈزەش مۇئەسسەسەدىن 7148 ى نەق مەيداندا تەكشۈرۈلدى، بۇلارنىڭ نورمال مەشغۇلات قىلىۋاتقىنى 5833 بولۇپ، مەشغۇلات قىلىش نىسبىتى 81.6% بولدى. بۇلغاش ھادىسىلىرىنى تەكشۈرۈشكە 11 قېتىم قاتنىشىلدى، بۇلغاش ماجىراسىدىن 205 ى تەكشۈرۈلۈپ ياراشتۇرۇلدى، ئاممىدىن كەلگەن 875 پارچە (قېتىم) خەت ۋە ھال - ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەنلەر تاپشۇرۇۋېلىندى ۋە كۆتۈۋېلىندى. 19 مىڭ 632 ئائىلىدىن بۇلغىما قويۇپ بېرىش ھەققى ئېلىندى. بۇ 1998 - يىلدىكىدىن 20.85% كۆپ.

شۇ چېڭيۇ

## بۇلغىما قويۇپ بېرىشتىن ھەق ئېلىش

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئېلىنغان بۇلغىما قويۇپ بېرىش ھەققى 77 مىليون 355 مىڭ 100 يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 1.44% ئېشىپ، ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 0.066% نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېلىنغان ھەق 10 مىليون يۈەندىن ئاشقان ئورۇنلار: ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ 32 مىليون 110 مىڭ 900 يۈەن، قاراماي شەھىرىنىڭ 16 مىليون 85 مىڭ 800 يۈەن، سانجى ئوبلاستىنىڭ 10 مىليون 223 مىڭ يۈەن. ئېلىنغان ھەق كۆپرەك ئاشقان ئورۇنلار: تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ 2 مىليون 287 مىڭ 300 يۈەنگە يېتىپ، 105.29%، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 1 مىليون 245 مىڭ 200 يۈەنگە يېتىپ، 182.95% ئاشتى. شۇ يىلى تۈزەش تۈرىدىن 91 ى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، 36 مىليون 110 مىڭ 500 يۈەن تۈزەش مەبلىغى تولۇقلىنىپ، تۈزەش تۈرىدىن 94 ى تاماملاندى، بۇنىڭغا 52 مىليون 923 مىڭ يۈەن مەبلەغ سەرپ قىلىندى؛ قەرز پۇل ئارقىلىق تۈزەش تۈرىدىن 16 سى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، قەرز پۇل مەبلىغى 3 مىليون 31 مىڭ 800 يۈەن بولۇپ، تۈزەش تۈرىدىن 25 ى قەرز پۇل ئارقىلىق تاماملاندى، بۇنىڭغا 3 مىليون 49 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئىشلىتىلدى.

شۇ چېڭيۇ

## مۇھىت تەشۋىقاتى تەربىيىسى

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىدا «مۇھىتقا ئەھمىيەت بېرىش» سەھىپىسى ئېچىپ، «شىنجاڭ خەۋەرلىرى» پروگراممىسىدا خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە 3 خىل تىلدا مۇھىت ئاسراش خىزمىتى ئەھۋالىنى خەۋەر قىلدى، «بۈگۈنكى سۆھبەت» پروگراممىسىدا مەخسۇس مۇھىت ئاسراش پروگراممىسى ياكى مۇھىت ئاسراشقا دائىر مەخسۇس فىلىملەرنى كۆرسەتتى؛ «شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتى» دە «ئادەم ۋە تەبىئەت» ناملىق مەخسۇس بەتلىك تەشۋىقات سەھىپىسى ئېچىپ مىيفۇ نېفىت فوندى تۈرىدىكى مۇھىت ئاسراشقا دائىر 8 قىسىملىق مەخسۇس فىلىمنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ئىشلەش خىزمىتىنى تاماملىدى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە مەكتەپلىرى ئومۇميۈزلۈك مۇھىت ئاسراش دەرسى تەسىس قىلدى ياكى مۇھىت ئاسراشقا دائىر لېكسىيەلەرنى ئۇيۇشتۇردى. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا مۇھىت تەربىيىسى بېرىلدى، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدا دەريا مەنبەسىنى ئىزدەش، سۇ مەنبەسى ۋە مۇزلۇقلارنى قوغداش بويىچە تەشۋىقات پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى؛ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى مەملىكەتلىك 2 - نۆۋەتلىك «مەن يەر شارىغا مۇھتاج، يەر شارى ماڭا مۇھتاج» دېگەن تېمىدىكى مۇھىت ئاسراش بويىچە ماقالە يېزىش مۇسابىقىسىغا قاتنىششقا تەشكىللىنىپ، دۆلەتكە 20 پارچە مۇنەۋۋەر ماقالە كۆرسىتىپ بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە سانجى شەھىرىدىن باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى لى مېڭيىننىڭ «لوپنۇر كۆلىنىڭ يوقىلىپ كېتىشىدىن ئويلىغانلىرىم .......» دېگەن ماقالىسى باشلانغۇچ مەكتەپلەر گۇرۇپپىسى بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ ئۈرۈمچى شەھىرىدىن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ۋاڭ چېڭ بىلەن قۇمۇل شەھىرىدىن باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى نىڭ جىڭفېن ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر گۇرۇپپىسى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، لى مېڭيىن شياڭگاڭغا بېرىپ نەق مەيداندا مۇكاپات ئېلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

لى لى

## مۇھىت ئاسراش سېلىنمىسى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇھىت ئاسراش

سېلىنمىسى 1 مىليارد 437 مىليون 107 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، مۇھىت بۇلغىنىشىنى تۈزەشكە ئىشلىتىلگەن مەبلەغ 1 مىليارد 241 مىليون 800 مىڭ يۈەن، ھەر دەرىجىلىك مۇھىت ئاسراش ئاپپاراتلىرى مۇھىت باشقۇرۇش ئىقتىدارىغا دائىر قۇرۇلۇشقا سالغان مەبلەغ 20 مىليون 247 مىڭ يۈەن، ساناەتنىڭ بۇلغىنىشنى تۈزەش مۇئەسسەسەلىرىنىڭ مەشغۇلاتى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن خىراجەت 175 مىليون 60 مىڭ يۈەن. مۇھىت بۇلغىنىشىنى تۈزەش ئۈچۈن سېلىنغان مەبلەغ ئىچىدە، كونا ساناەت ئورۇنلىرىنىڭ بۇلغىنىشنى تۈزەشكە سېلىنغان مەبلەغ 135 مىليون 202 مىڭ يۈەن، «ئۈچنى بىرلا ۋاقىتتا ئىشلەش» تۈرى بويىچە مۇھىت ئاسراشقا سېلىنغان مەبلەغ 340 مىليون 668 مىڭ يۈەن، بۇ 2 تۈرنى قوشقاندا، بۇ شۇ يىللىق ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ %0.4نى؛ شەھەر مۇھىتى ئاساسىي مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ 765 مىليون 930 مىڭ يۈەن بولۇپ، %0.66نى ئىگىلىدى.

شى شۆمبي

## مۇھىت بۇلغىنىش ھادىسىلىرى

1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 14 قېتىم مۇھىت بۇلغىنىش ھادىسىسى يۈز بەردى، ئىقتىسادىي زىيان 113 مىڭ 400 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭراق ھادىسە 3 قېتىم بولۇپ، ئىقتىسادىي زىيان 50 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇ بۇلغىنىش ھادىسىسى 8 قېتىم بولۇپ، زىيان 43 مىڭ 400 يۈەنگە يەتتى؛ ئاتموسفېرا بۇلغىنىش ھادىسىسى 3 قېتىم بولۇپ، زىيان 9900 يۈەنگە يەتتى؛ كېرەكسىز قاتتىق نەرسىلەرنىڭ بۇلغاش ھادىسىسى 3 قېتىم بولۇپ، زىيان 60 مىڭ 100 يۈەنگە يەتتى. بۇلغاش ھادىسىسى زىيانغا ئۇچرىغان دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى كۆلىمى 70 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، بۇلغانغان بېلىق كۆلچىكى كۆلىمى 19 مىڭ 980 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. بۇلغاش ھادىسىسى بويىچە 83 مىڭ 500 يۈەن تۆلەم تۆلەندى، 32 مىڭ 400 يۈەن جەرىمانە قويۇلدى.

ۋاڭ كۈن

## ئاممىدىن كەلگەن خەت ـ چەك ۋە ھال ـ ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەنلەرنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىش ئەھۋالى

1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە خەلقتىن شاۋقۇن ـ سۈرەننىڭ بۇلغىشى ئىنكاس قىلىنغان 1482 پارچە خەت كەلدى، بۇ، كەلگەن خەتنىڭ %53.54نى ئىگىلەيدۇ؛ ئاتموسفېرانىڭ بۇلغىنىشى ئىنكاس قىلىنغان 924 پارچە خەت كەلدى، بۇ، كەلگەن خەتنىڭ %33.38نى ئىگىلەيدۇ. شۇ يىلى 2645 پارچە خەت بىر تەرەپ قىلىندى، بۇ، كەلگەن خەتنىڭ %95.56نى ئىگىلەيدۇ. 1003 تۈركۈمدە 1053 ئادەم (قېتىم) ھال ـ ئەھۋال ئېيتىپ كەلدى، بۇ، 1998 ـ يىلدىكىدىن %6.69 كۆپ، بۇنىڭ ئىچىدە شاۋقۇن ـ سۈرەننىڭ بۇلغىشىنى ئىنكاس قىلىپ كەلگىنى 586 تۈركۈم بولۇپ، %58.42نى ئىگىلەيدۇ، بىر تەرەپ قىلىنغىنى 918 تۈركۈم (قېتىم) بولۇپ، %91.53نى ئىگىلەيدۇ. خەلقتىن كەلگەن خەت ۋە ھال ـ ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەنلەر ئىچىدە تەكلىپ بەرگىنى 30، كەسپ ئىستىلىنى ئىنكاس قىلغىنى 6.

ۋاڭ كۈن

## ئاپپارات قۇرۇلۇشى

1999 ـ يىلى ئىلى ۋىلايىتى ۋە ئالتاي ۋىلايىتىدىكى ناھىيە (شەھەر) لەردە مۇستەقىل تۈزۈلمىدىكى مۇھىت باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى قۇرۇلدى، بۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايون بويىچە ناھىيە (شەھەر، رايون) دەرىجىلىك مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى 41گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە (شەھەر) لىك مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى 32.

ۋاڭ كۈن

## مۇھىت ئۇچۇرى قۇرۇلۇشى

1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىت ئۇچۇرى خىزمىتىدە كومپيۇتېر قاتتىق دېتالىنى تورلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئاساسىدا تور ئۇچۇرلىرىنى ئىزدەش سىستېمىسىنى كەشىپ قىلىش خىزمىتى ئۇقتىلىق ئىشلىنىپ، تورغا كىرگۈزۈلگەن مەخسۇس تېمىدىن 87 سى ئىشلەپ پۈتتۈرۈلدى. «شىنجاڭ مۇھىت ئاسراش ئىشلىرى»نىڭ خەلقئارا ئىنتېرنېت تورىنىڭ ئاساسىي بېتىدىكى مەزمۇنى كېڭەيتىلىپ، دۆلەت مۇھىت ئاسراش باش ئىدارىسى ۋە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن ۋاقتىدا ئالاقىلىشىپ تۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر مۇھىتىنى پىلانلاش خەرىتىسى تۈزۈپ چىقىلدى، مۇھىت مەمۇرىيىتى بويىچە قانۇننى ئىجرا قىلىش كىنىشكىسى سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قۇرۇلدى، ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭىشەھەر رايونىنىڭ بۇلغاش مەنبەسىگە دائىر سانلىق مەلۇمات ئامبىرى ۋە جۇغراپىيىلىك ئۇچۇر سىستېمىسىنى كەشىپ قىلىش ۋە قوللىنىش ئىشى تاماملاندى. «شىنجاڭ مۇھىت ئاسراش تور پونكىتى» تۈرى ئاپتونوم رايونلۇق ئۇچۇرلاشتۇرۇش نەتىجىلىرى كۆرگەزمىسىگە تاللاپ قاتناشتۇرۇلۇپ ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى بويىچە مۇنەۋۋەر نەتىجە مۇكاپاتى قولغا كەلتۈرۈلدى.

ۋاڭ كۈن

# تەبىئىي ئېكولوگىيىنى ئاسراش

## بايلىق مەنبەسىنى ئاسراش

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارى 91 مىليارد 430 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىپ، كۆپ يىللىق ئوتتۇرىچە قىممىتى %1. 15 كۆپەيدى. ئاپتونوم رايون ئىچىدە ئەمەلىيەتتە باشلاپ ئىشلىتىلگەن ۋە خورىغان يەر ئۈستى سۈيىنىڭ ئېقىن مىقدارى 70 مىليارد 200 مىليون كۇب مېتىرغا يەتتى. يەر ئاستى سۈيىنىڭ مىقدارى 57 مىليارد 200 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. ئاپتونوم رايون بويىچە 4 مىليون 92 مىڭ گېكتار تېرىلغۇ يەر، 6 مىليون 565 مىڭ گېكتار ئورمانلىق، 48 مىليون 6800 گېكتار پايدىلانغىلى بولىدىغان تەبىئىي ئوتلاق بار. يېڭىدىن 36 مىڭ 800 گېكتار ئوتلاق بەرپا قىلىندى، 69 مىڭ 700 گېكتار ئوتلاق ياخشىلاندى، بۇنىڭ بىلەن بەرپا قىلىنغان ئوتلاق 825 مىڭ 900 گېكتارغا، ياخشىلانغان ئوتلاق 1 مىليون 43 مىڭ 400 گېكتارغا يەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %68. 1كە، ئۆسىۋاتقان دەرەخ زاپىسى 276 مىليون كۇب مېتىرغا، ئورمانلارنىڭ يىللىق ئۆسۈش مىقدارى 6 مىليون 500 مىڭ كۇب مېتىرغا، يىللىق خوراش مىقدارى 3 مىليون 500 مىڭ كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. ئاپتونوم رايون بويىچە شۇ يىلى 50 مىڭ 700 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 153 مىڭ 400 گېكتار يەردە تاغ قورشىلىپ ئورمان يېتىشتۈرۈلدى، 2900 گېكتار ئورمان ئىزىدا يېڭىۋاشتىن ئورمان بەرپا قىلىندى، پارچە - پۇرات يەرلەرگە 40 مىليون 10 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى، جەمئىي 540 مىڭ گېكتار يەردە تاغ قورشىلىپ ئورمان يېتىشتۈرۈلدى. سۇ، تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشى ئوڭشالغان كۆلەم 50 مىڭ 700 گېكتارغا، شور تىزگىنلەنگەن تېرىلغۇ يەر 707 مىڭ 500 گېكتارغا يەتتى، شۇ يىلى 33 مىڭ 500 گېكتار يەر كۆپەيتىلدى.

ۋاڭ يىجيەن

## ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ئاسراش ۋە قۇرۇلۇش

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئېكولوگىيىلىك مۇھىم ئاسراشنى مۇھىم ئىشلار كۈن تەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، «1311» مۇھىت ئاسراش ھەرىكەت پىلانىنى «13211» مۇھىت ئاسراش ھەرىكەت پىلانىغا كېڭەيتتى ھەمدە ش ئۇ ئا ر مۇھىت ئاسراش ئىدارىسىدا ش ئۇ ئا ر تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونلىرىنى باشقۇرۇش ئىشخانىسى تەسىس قىلىپ ئاپتونوم رايون بويىچە تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونلىرىنىڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش، نازارەتچىلىك قىلىش ۋە ئۇنى تەكشۈرۈپ تۈرۈشنى قارار

قىسقا ماتېرىيال

ئاپتونوم رايوننىڭ «13211» مۇھىت ئاسراش ھەرىكەت پىلانى

ش ئۇ ئا ر مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىت مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن 1996 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «1311» مۇھىت ئاسراش ھەرىكەت پىلانىنى يولغا قويۇشنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە «يولغا قويۇش لايىھىسى» نى تۈزۈپ چىققانىدى. 1997 - يىل 5 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بۇ لايىھىنى تەستىقلاپ بېسىپ تارقاتتى ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىنكى 5 — 15 يىلغىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە بىر شەھەر، 3 چوڭ نېفىتلىك، بىر كۆل ۋە بىر تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنىڭ مۇھىت مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى يەنى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئاتموسفېراسىنىڭ بۇلغىنىشىنى تىزگىنلەش، شىنجاڭ نېفىتلىكى، تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى ۋە تارىم نېفىتلىكىنى تەكشۈرۈش، ئۆزلەشتۈرۈش جەريانىدىكى ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ئاسراش، باغراش كۆلىنىڭ سۇ مۇھىتىنى ئاسراش ۋە ئېكولوگىيىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشى، ئالتۇنتاغ دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنى باشقۇرۇش ۋە قۇرۇشنى يولغا قويۇشنى قارار قىلدى. بۇ پىلان يولغا قويۇلغان 2 يىلدىن بۇيان باسقۇچ خاراكتېرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 1999 - يىلىنىڭ بېشىدا مۇھىت ئاسراش خىزمىتىگە دائىر دوكلاتنى ئاڭلىغاندا، رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ تەكلىپ بېرىشى بىلەن تارىم دەرياسى ۋادىسى ۋە ئىبنۇر كۆلى رايونىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى ئاسراشقا دائىر مەزمۇنلارنى مەزكۇر پىلانغا كىرگۈزۈپ، «1311» مۇھىت ئاسراش ھەرىكەت پىلانىنى «13211» مۇھىت ئاسراش ھەرىكەت پىلانىغا كېڭەيتتى، بۇ پىلان بىر شەھەر، 3 چوڭ نېفىتلىك، 2 كۆل، بىر دەريا ۋادىسى ۋە بىر تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. نەتىجىدە «13211» تۈرى ئاپتونوم رايوننىڭ قىسمەن رايونلىرىنى ۋە سۇ يۈزىنى، نۇقتىلىق شەھەرلەرنىڭ مۇھىت سۈپىتىنى ياخشىلاشنىڭ يادرولۇق مەزمۇنىغا ئايلاندى.

ۋاڭ كۈن

قىلدى. جايلار سۇچىلىق قۇرۇلۇشى، تۇپراق، ساياھەتچىلىك بايلىقى، يېزا ئىگىلىكى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئېچىش ئىشلىرىنىڭ مۇھىتقا بولغان تەسىرىنى باھالاش ۋە قانۇننىڭ ئىجراسىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈردى. ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونى ئېكولوگىيىلىك ئۈلگىلىك رايون قۇرۇلۇشى سىناق نۇقتىسى دۆلەت مۇھىت ئاسراش باش ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى ھەمدە بۇ نۇقتىغا دۆلەت دەرىجىلىك ئېكولوگىيىلىك ئۈلگىلىك رايون دەپ نام بېرىلدى. قۇمۇل شەھىرى، ئۈرۈمچى شەھىرى شىمىكو رايونى، فۇكاڭ شەھىرى مەملىكەت بويىچە ئېكولوگىيىلىك ئۈلگىلىك رايون قۇرۇلۇشى نۇقتىسىدا سىناق قىلىنىدىغان رايون قىلىنىپ دۆلەت تەرىپىدىن تەستىقلاندى. مۇھىت ئاسراش باش ئىدارىسىنىڭ تاشقى ئىقتىساد ئىشخانىسى بىلەن ياۋا تۆگە مۇھاپىزەت رايونى قۇرۇش بويىچە خەلقئارا ھەمكارلىق تۈرىدە كېلىشىم ئىمزالاندى، تەشكىللەش خىزمىتى ئىشلىنىۋاتىدۇ.

ۋاڭ كۈن

## تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونلىرىنى باشقۇرۇش

1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدىن 21ى قۇرۇلدى (دۆلەت دەرىجىلىكى 3)، ئومۇمىي كۆلىمى 10 مىليون 463 مىڭ 900 گېكتار بولۇپ، ئاپتونوم رايون يەر كۆلىمىنىڭ %6.3نى ئىگىلەيدۇ. مۇھاپىزەت رايونلىرىدا مۇناسىپ ھالدا باشقۇرۇش ئاپپاراتىدىن 20 سى قۇرۇلۇپ، 242 باشقۇرۇش خادىمى سەپلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي تېخنىكا خادىمى 80. ئەتىۋارلىق ۋە يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان ھايۋانلارنى سۈنئىي ئۇسۇلدا كۆپەيتىش مەركىزىدىن 2 سى، يەنى ياۋا ئات بېقىش - كۆپەيتىش تەتقىقات مەركىزى، ياۋايى ھايۋانلارنى قۇتقۇزۇش مەركىزى قۇرۇلدى، ياۋا ئاتنى كۆپەيتىش جەھەتتە دەسلەپكى 15 ئات 74 كە يەتتى، نەتىجىدە بىر قىسىم ئەتىۋارلىق ھايۋانلار ئۈنۈملۈك قوغداپ قېلىندى.

ۋاڭ كۈن

### شىنجاڭدىكى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونلىرى

كۆلىمى: گېكتار

| تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى نامى | كۆلىمى | ئاساسلىق مۇھاپىزەت قىلىش ئوبيېكتى | ئورنى |
|---|---|---|---|
| ئالتۇنتاغ دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | 4500000 | ئېگىز تاغ، چۆللۈك ئېكولوگىيە سىستېمىسى | چاقىلىق ناھىيىسى |
| قاناس دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | 220162 | ئورمان ئېكولوگىيە سىستېمىسى | بۇرچىن ناھىيىسى |
| بايىنبۇلاق دۆلەت دەرىجىلىك ئاققۇ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | 100000 | زەيلىك ۋە ئاق قۇ | خېجىڭ ناھىيىسى |
| ئالتۇنتاغ ياۋا تۆگە تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | 1512500 | قوش لوككىلىق ياۋا تۆگە ۋە ئۇنىڭ ياشاش مۇھىتى | چاقىلىق ناھىيىسى |
| ئارشاڭ شىنجاڭ سالاماندراسى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | 694.5 | شىنجاڭ سالاماندراسى ۋە ئۇنىڭ ياشاش مۇھىتى | ئارشاڭ ناھىيىسى |
| بوغدا كۆلى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | 38690 | ئورمان ئېكولوگىيە سىستېمىسى | فۇكاڭ شەھىرى |
| تۆمۈر چوققىسى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | 125637 | ئورمان ئېكولوگىيە سىستېمىسى | ئارشاڭ ناھىيىسى |
| توققۇزتارا تاغ شەمشادى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | 28000 | ئورمان ئېكولوگىيە سىستېمىسى | توققۇزتارا ناھىيىسى |
| ئىلى كىچىك يوپۇرماقلىق ئەرمۇدۇن تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | 400 | كىچىك يوپۇرماقلىق ئەرمۇدۇن ۋە ئۇنىڭ ئۆسۈش مۇھىتى | غۇلجا ناھىيىسى |
| توققۇزتارا ياۋا ياڭاق تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | 1180 | ياۋا ياڭاق ۋە ئۇنىڭ ئۆسۈش مۇھىتى | توققۇزتارا ناھىيىسى |
| گەنجياخۇ سۆكسۆك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | 54667 | سۆكسۆك ۋە ئۇنىڭ ئۆسۈش مۇھىتى | شىخو شەھىرى جىڭ ناھىيىسى |
| تارباغاتاي ياۋا بادام تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | 1500 | ياۋا بادام ۋە ئۇنىڭ ئۆسۈش مۇھىتى | چاغانتوقاي ناھىيىسى |
| تارىم توغراق تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | 387900 | ئورمان ئېكولوگىيە سىستېمىسى | لوپنۇر، بۈگۈر ناھىيىلىرى |

| | | | |
|---|---|---|---|
| قورغاس 4 پەنجىلىك قورۇقلۇق تاشپاقىسى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | 27000 | 4 پەنجىلىك قورۇقلۇق تاشپاقىسى ۋە ئۇنىڭ ياشاش مۇھىتى | قورغاس ناھىيىسى |
| قارامايلى تېغى تۇياقلىق ھايۋان تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | 1800000 | ياۋايى ھايۋان قاتارلىقلار | كۆكتوقاي، گۇچۇڭ، جىمسار ناھىيىلىرى |
| تاشقورغان ئەتىۋارلىق ھايۋانلار تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | 1500000 | ياۋايى ھايۋانلار قاتارلىقلار | تاشقورغان ناھىيىسى |
| بۇلغىن دەرياسى قۇندۇز تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | 5000 | قۇندۇز ۋە ئۇنىڭ ياشاش مۇھىتى | چىڭگىل ناھىيىسى |
| ناز چۆل ئوتى تۈرىدىكى ئوت - چۆپلۈك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | 65300 | تاغلىق يەر ئوتلاق تۈرىدىكى ئوت - چۆپلۈك ئېكولوگىيىسى | كۈنەس ناھىيىسى |
| جىنتاس تاغلىق يەر ئوتلاق تۈرىدىكى ئوت - چۆپلۈك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | 56700 | تاغلىق يەر چىملىق تۈرىدىكى ئوت - چۆپلۈك ئېكولوگىيىسى | بورتالا ناھىيىسى |
| گۇچۇڭ چۆللۈك، يېرىم چۆللۈك تۈرىدىكى ئوت - چۆپلۈك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | 38600 | چۆللۈك ئوت - چۆپلۈكى ئېكولوگىيە سىستېمىسى | گۇچۇڭ ناھىيىسى |
| ئىلى قارا ھەرە تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى | | قارا ھەرە ۋە ئۇنىڭ ياشاش مۇھىتى | نىلقا ناھىيىسى |

تۇرغۇن

# مۇھىتنى كۆزىتىش - ئۆلچەش ۋە پەن - تېخنىكا

## مۇھىتنى كۆزىتىش - ئۆلچەش

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى 18 شەھەرنىڭ مۇھىت فونكسىيىسىنى رايونلارغا ئايرىش لايىھىسىنى تەكشۈردى، «شىنجاڭنىڭ ھاۋاسىنىڭ سۈپىتىنى ھەپتىدە مەلۇم قىلىش تېخنىكىسىنى قېلىپلاشتۇرۇش قوللانمىسى» (ۋاقىتلىق يولغا قويۇلىدۇ) نى تۈزۈپ باستۇرۇپ تارقاتتى. 10 شەھەردە ھاۋانىڭ سۈپىتىنى ھەپتىدە مەلۇم قىلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى ھەمدە مۇھىت سۈپىتىنى ھەپتىدە مەلۇم قىلىش ئەھۋالى خاتىرىلەندى. ئېكولوگىيىلىك يىراقتىن سېزىشنى كۆزىتىش - ئۆلچەش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى يىراقتىن سېزىشنى كۆزىتىش - ئۆلچەش قىسقا خەۋەرلىرى چىقىرىلدى. يىراقتىن سېزىشكە دائىر ئوبرازلىق سانلىق مەلۇماتلار تۈنجى قېتىم قوللىنىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ چۆللىشىپ كېتىش سەۋىيىسىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى تەھلىل قىلىندى ۋە باھالاندى. ئاپتونوم رايوننىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى كۆزىتىش - ئۆلچەش كۆرسەتكۈچ سىستېمىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. «چۆللۈك مەنزىرىسىگە دائىر ئۇچۇرلارنى كۆزىتىش - ئۆلچەش تەتقىقاتى» تۈرى كىرگۈزۈلۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى يىراقتىن سېزىشنى كۆزىتىش - ئۆلچەش ۋاسىتىلىرى ۋە تېخنىكىلىق ئۇسۇلى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. رادىئاتسىيىلىك مۇھىتنى كۆزىتىش - ئۆلچەش ۋە باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، تارىم دەرياسىنىڭ جەنۇبىنى تەكشۈرۈش شىركىتىنىڭ دىئاگراممىلىق 3 - قۇدۇقىنىڭ ئاستىدا رادىئاتسىيە مەنبەسى يوقاپ كېتىش ۋە جۇڭگو يادرو سانائىتى باش شىركىتى شىنجاڭ مىنېراللار ئىدارىسى 737 - ئەسلى ئورنىدا چىلاپ ئۆران ئېلىش بازىسىدا يۈز بەرگەن توشۇش جەريانىدا مەھسۇلات ئېقىپ كېتىش ھادىسىسى نەق مەيداندا كۆزىتىلدى ۋە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى؛ 4 ئورۇننىڭ رادىئاتسىيىلىك قورۇلۇش تۈرىنىڭ مۇھىتقا بولغان تەسىرى باھالاندى؛ 4 ئورۇننىڭ كىرەكسىز نەرسىلەرنى قويۇپ بېرىش مەنبەسىدىن 161ى يىغىشتۇرۇلدى ۋە بىر تەرەپ قىلىندى.

ۋاڭ كۈن

## مۇھىت پەن - تېخنىكىسى

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى «شىنجاڭ مۇھىت ئاسراش پەن تەتقىقاتى تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنىڭ پىلان لايىھىسى»نى تۈزۈش ئىشىنى تەشكىللىدى. ئۈرۈمچىنىڭ ئاتموسفېرا بۇلغىنىشىنى تۈزەش ۋە ئاپتوموبىلدىن چىقىدىغان گازنىڭ بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن ئاپتونوم رايوننىڭ 2 تۈرلۈك يەرلىك ئۆلچىمى يەنى «ئۈرۈمچىدە ئىشلىتىلىدىغان كۆمۈر» (DB65/032—1999) بىلەن «بېنزىن ساپلاشتۇرۇش خورۇجى» (DB65/034—1999) نى تۈزۈپ چىقتى. شىنجاڭ مۇھىت ئاسراش پەن تەتقىقات ئورنى «شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى يادرو بەلۋاغنىڭ مۇھىتىنى ئاسراش ۋە ئۇنى ئۇدا راۋاجلاندۇرۇش» تەتقىقاتىنى تاماملىدى. خەلقئارا ياۋا تۆگە مۇھاپىزەت رايونى قۇرۇشنى

تەكشۈرۈش ۋە ئالتۇنتاغ تىبەت يۈكسىنى كۆپەيتىش بازىسىنى دالىدا تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى. ش ئۇ ئا ر رادىئاتسىيىلىك مۇھىتنى نازارەت قىلىش پونكىتى تاماملىغان «ئىمپورت قىلىنىدىغان كېرەكسىز مېتاللارنىڭ تەركىبىدىكى رادىئاتسىيىلىك ماددىلارنى تەكشۈرۈش - ئۆلچەش تۈغرىسىدا تەتقىقات» ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 4 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

لى لى

## ئاتموسفېرا مۇھىتىنىڭ سۈپىتى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ئاتموسفېرا مۇھىتىنىڭ بۇلغىنىش ئالاھىدىلىكى يەنىلا قۇم - توزان - كۆمۈر ئىسىدىن ئىبارەت ئارىلاشما تىپلىق بۇلغىنىش بولۇپ، ئومۇمىي گەۋدە جەھەتتىكى بۇلغىنىش دەرىجىسى 1998 - يىلدىكى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولدى. شىمالىي شىنجاڭدىكى شەھەرلەردە كۆپىنچە كۆمۈر قالاپ مۇھىتنى بۇلغاش ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى شەھەرلەردە كۆپىنچە قۇم - توزان مۇھىتنى بۇلغاش ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. قىش ۋە ئەتىيازدىكى بۇلغىنىش ياز ۋە كۈزدىكى بۇلغىنىشتىن كۆرۈنەرلىك ئېغىر بولىدۇ، ئاساسلىق بۇلغىمىلار لەيلىمە مىكرو دانىچىلار، كاربون ئوكسىدى، ئازاتلۇق ئوكسىدلاردىن ئىبارەت. ئۈرۈمچى شەھىرى يەنىلا بۇلغىنىش ئېغىر شەھەر ھېسابلىنىدۇ. ئاتموسفېرا مۇھىتىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئامىللار ئىچىدە ئاپتونوم رايون بويىچە ئىس - تۈتەك ۋە چاڭ - توزاننىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى 243 مىڭ 900 توننا بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن %4.4، سانائەت چاڭ - توزانلىرىنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى 120 مىڭ 400 توننا بولۇپ، %18.9 ئازايدى؛ كاربون ئوكسىدىنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى 337 مىڭ 100 توننا بولۇپ، 1998 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. بۇنىڭ ئىچىدە تۇرمۇشتىن كېلىدىغان بۇلغىمىلارنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى مۇنداق: ئىس - تۈتەك ۋە چاڭ - توزان 118 مىڭ 500 توننا؛ كاربون ئوكسىدى 139 مىڭ 200 توننا بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن سەل كۆپەيدى.

نازارەت قىلىش - ئۆلچەش نەتىجىسى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئاپتونوم رايوندىكى شەھەرلەرنىڭ ئاتموسفېراسىدا لەيلەپ يۈرگەن مىكرو دانىچىلارنىڭ بىر يىلدىكى كۈنلۈك ئوتتۇرىچە قىممەت دائىرىسى 198 مىكروگرام/كۇب مېتىر — 658 مىكروگرام/كۇب مېتىر بولغان؛ بىر يىلدىكى ئوتتۇرىچە قىممەت دائىرىسى 434 مىكروگرام/كۇب مېتىر بولغان؛ كاربون ئوكسىدىنىڭ بىر يىلدىكى كۈنلۈك ئوتتۇرىچە قىممەت دائىرىسى 2 مىكروگرام/كۇب مېتىر — 146 مىكروگرام/كۇب مېتىر بولغان؛ بىر يىلدىكى ئوتتۇرىچە قىممىتى 24 مىكروگرام/كۇب مېتىر بولغان؛ ئازوتلۇق ئوكسىدلارنىڭ بىر يىلدىكى كۈنلۈك ئوتتۇرىچە قىممەت دائىرىسى 17 مىكروگرام/كۇب مېتىر — 92 مىكروگرام/كۇب مېتىر، بىر يىلدىكى كۈنلۈك ئوتتۇرىچە قىممىتى 36 مىكروگرام/كۇب مېتىر بولغان. ئاپتونوم رايون بويىچە بۇلغىنىش ئۆلچىمىدىن ئېشىپ كەتكەن شەھەر %91.7نى ئىگىلىگەن. كاربون ئوكسىدىنىڭ بۇلغاش دەرىجىسى %9.03، ئازوتلۇق ئوكسىدلارنىڭ بۇلغاش دەرىجىسى %20.99، ئومۇمىي لەيلىمە مىكرو دانىچىلارنىڭ بۇلغاش دەرىجىسى %69.98 بولغان. ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئاتموسفېرادىكى كاربون ئوكسىدىنىڭ بىر يىلدىكى كۈنلۈك ئوتتۇرىچە قىممىتى 146 مىكروگرام/ئۆلچەملىك كۇب مېتىر، ئازوتلۇق ئوكسىدلارنىڭ بىر يىلدىكى كۈنلۈك ئوتتۇرىچە قىممىتى 92 مىكروگرام/ئۆلچەملىك كۇب مېتىر، ئومۇمىي لەيلىمە مىكرو دانىچىلارنىڭ بىر يىلدىكى كۈنلۈك ئوتتۇرىچە قىممىتى 463 مىكروگرام/ئۆلچەملىك كۇب مېتىر بولغان. ھاۋانىڭ بۇلغىنىش كۆرسەتكۈچى (API) 181 بولۇپ، 1998 - يىلدىكى (266) دىن كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىگەن. بۇنىڭ ئىچىدە 10 — 12 - ئايغىچە بولغان ھاۋادىكى ئومۇمىي لەيلىمە مىكرو دانىچىلارنىڭ پەسىللىك ئوتتۇرىچە قويۇقلۇقى 1998 - يىلدىكى 603 مىكروگرام ئۆلچەملىك كۇب مېتىردىن 498 مىكروگرام / ئۆلچەملىك كۇب مېتىرغا چۈشكەن.

ئەن خەييەن

## سۇ مۇھىتىنىڭ سۈپىتى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى 17 ئاساسلىق دەريا - ئېقىننىڭ سۇ سۈپىتىنى كۆزىتىش - ئۆلچەش ستاتىستىكا نەتىجىسى مۇنۇلارنى ئىسپاتلىدى: دەريا - ئېقىنلارنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن سۇ سۈپىتى ياخشى بولۇپ، ئاساسەن بۇلغانمىغان ياكى يېنىك دەرىجىدە بۇلغانغان، سۇ سۈپىتى 1 - دەرىجە (سۈزۈك سۇ)، 2 - (بىر قەدەر سۈزۈك سۇ) دەرىجىدە تۇرىدىغىنى %70.6نى ئىگىلەيدۇ. دەريا - ئېقىنلارنى ئاساسلىق بۇلغايدىغان بۇلغىمىلار ئومۇمىي قاتتىقلىق ۋە ئاممىياك ئوكسىدىدىن ئىبارەت، شىمگو دەرياسىنىڭ سۈيى 5 - دەرىجىدە ئېغىر بۇلغانغان سۇ بولۇپ، ئۇنىڭ تەركىبىدىكى ئاممىياك ئوكسىدى ئۆلچەمدىن 7 ھەسسە ئېشىپ كەتكەن. ئاپتونوم رايون بويىچە ئاساسلىق 7 كۆل ۋە سۇ ئامبىرىدىكى سۇنىڭ سۈپىتىنى كۆزىتىش - ئۆلچەش نەتىجىسى كۆل ۋە سۇ ئامبارلىرىدىكى سۇ سۈپىتىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسى دەريا - ئېقىنلارنىڭ سۇ سۈپىتىدىن ناچار ئىكەنلىكىنى، سۇ سۈپىتى 1 - (سۈزۈك سۇ) دەرىجىدىن 3 - (يېنىك دەرىجىدە بۇلغانغان) دەرىجىگىچە بولغىنى %71.4نى ئىگىلەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. موگۇ كۆلىنىڭ

سۈيى 5 ـ دەرىجىدىكى ئېغىر بۇلغانغان سۇ بولۇپ، ئۇنىڭ تەركىبىدىكى يۇقىرى مانگان كىسلاتا تۇزى كۆرسەتكۈچى ئۆلچەمدىن 2.92 ھەسسە، فېنولنىڭ پارغا ئايلىنىشى ئۆلچەمدىن 4.2 ھەسسە ئېشىپ كەتتى. كۆل ۋە سۇ ئامبارلىرىنى بۇلغايدىغان ئاساسلىق بۇلغىمىلار يۇقىرى مانگان كىسلاتا تۇزى كۆرسەتكۈچى، بىئو خىمىيىلىك ئېھتىياجلىق ئوكسىگېن مىقدارى، ئاممىياك ئازوت بولۇپ، ئۇلارنىڭ PH قىممىتى ئومۇمىيۈزلۈك يۇقىرىراق. ئاپتونوم رايون بويىچە 12 شەھەرنىڭ يەر ئاستى سۇ سۈپىتىنى كۆزىتىش ـ ئۆلچەش نەتىجىسى مۇنۇلارنى ئىسپاتلىدى: شەھەرلەردىكى يەر ئاستى سۈيىنىڭ سۈپىتى، ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، سۇ سۈپىتى 1 ـ دەرىجە (بۇلغانمىغان) دىن 2 ـ دەرىجە (يېنىك دەرىجىدە بۇلغانغان) گىچە بولغىنى %75نى، 3 ـ دەرىجە (ئوتتۇراھال بۇلغانغان) لىكى %25نى ئىگىلىگەن. شەھەرلەردىكى يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن تۈرلىرى ئۇنىڭ ئومۇمىي قاتتىقلىقى ۋە تەركىبىدە گۈڭگۈرت كىسلاتا تۇزى بولۇشتىن ئىبارەت.

ئەن خەيىەن

## شەھەرلەردىكى شاۋقۇن ـ سۈرەن

1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندىكى 10 شەھەرنىڭ فۇنكسىيىلىك رايوندىكى كېچە ـ كۈندۈز ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان شاۋقۇن ـ سۈرەننى كۆزىتىش ـ ئۆلچەش نەتىجىسى مۇنۇلارنى ئىسپاتلىدى: فۇنكسىيىلىك رايونلاردا كېچە ـ كۈندۈز ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان شاۋقۇن ـ سۈرەن ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن، كېچىدە ئۆلچەمدىن ئېشىپ كېتىش ھادىسىسى بىر قەدەر ئومۇمىيۈزلۈك بولۇپ، كۈندۈزدىكىدىن ئېغىر بولغان. ئالاھىدە تۈرلۈك ئۆي رايونلىرىدا كۈندۈزدىكى شاۋقۇن ـ سۈرەننىڭ ئۆلچەمدىن ئېشىپ كېتىش نىسبىتى %50، كېچىدىكىسىنىڭ %100 بولغان؛ مەدەنىيەت، مائارىپ رايونلىرىدا كۈندۈزدىكى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كېتىش نىسبىتى %40، كېچىدىكىسى %90 بولغان؛ ئارىلاشما رايونلاردا كۈندۈزدىكىسى %30، كېچىدىكىسى %70 بولغان؛ سانائەت رايونلىرىدا كېچىدىكىسى %12.5، قاتناش غول لىنىيىلىرىنىڭ ئىككى ياقىسىدا كۈندۈزدىكىسى %22.2، كېچىدىكىسى %88.9 بولغان. 11 شەھەرنىڭ 428 كىلومېتىر يول بۆلىكىدىكى قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ شاۋقۇن ـ سۈرەنلىرىنى كۆزىتىش ـ ئۆلچەش نەتىجىسى مۇنۇلارنى ئىسپاتلىدى: 65 — 70 دېتسىبىلغىچە (يېنىك دەرىجىدە بۇلغانغان) بولغان شەھەر %73نى، 70 — 75 دېتسىبىلغىچە (ئوتتۇراھال بۇلغانغان) بولغىنى %27نى ئىگىلىگەن. شاۋقۇن دەرىجىسى (A) 66.1 — 71.8 دېتسىبىلغىچە بولۇپ ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن يول بۆلىكىنىڭ ئۇزۇنلۇقى قاتناش غول لىنىيىسىنىڭ %38.1نى ئىگىلىگەن.

ئەن خەيىەن

## شەھەر مۇھىتىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش

1999 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەھەر مۇھىتىدىكى فۇنكسىيىلىك رايونلارنىڭ مۇھىت سۈپىتىنىڭ ئۆلچەمگە يېتىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش چارىسى»نى تۈزۈپ تارقاتتى. 19 شەھەر مۇھىت جەھەتتىكى فۇنكسىيىلىك رايونلارنى ئايرىش خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك تاماملىدى، 6 شەھەر شۇ يىلى مۇھىت جەھەتتىكى فۇنكسىيىلىك رايونلارنى ئايرىپ تۈزۈلمىسىنى بېكىتىش، سىخېمىسىنى سىزىش خىزمىتىنى تاماملىدى، 5 شەھەرنىڭ مۇھىت جەھەتتىكى فۇنكسىيىلىك رايونلارنى ئايرىش خىزمىتىنى باھالاش ۋە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئىشى ئۇيۇشتۇرۇلدى ھەمدە ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەرلەردىكى ئىس ـ تۈتەك كونترول قىلىنغان رايون، شەھەرلەردىكى شاۋقۇن ـ سۈرەن ئۆلچەمگە يەتكەن رايونلارنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ۋە قايتا تەكشۈرۈش چارىسى تۈزۈپ تارقىتىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە كۆلىمى 281.79 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان، ئىس ـ تۈتەك كونترول قىلىنغان 76 رايون بەرپا قىلىندى. شۇ يىلى 23.54 كۋادرات كىلومېتىر كۆلەم كۆپەيدى؛ كۆلىمى 45.169 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان، شاۋقۇن ـ سۈرەن ئۆلچەمگە يەتكەن رايوندىن 54ى بەرپا قىلىندى، شۇ يىلى 16.17 كۋادرات كىلومېتىر كۆلەم كۆپەيدى. شەھەرلەرنى تەكشۈرۈش خىزمىتى ئاپتونوم رايوندىكى 19 شەھەردە قانات يايدۇرۇلدى، ھەر تەرەپلىمە تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە، قاراماي شەھىرى 15.70 نومۇرغا ئېرىشىپ 1 ـ، شىخەنزە شەھىرى 50.68 نومۇرغا ئېرىشىپ 2 ـ، كورلا شەھىرى 67.66 نومۇرغا ئېرىشىپ 3 ـ بولدى.

ۋاڭ كۈن

# مۇھىت تۈزەش

## سانائەتنىڭ بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش

1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندىكى 8 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر 300 نەچچە كارخانىغا بۇلغىنىشنى چەكلەش مۇددەتتە تۈزەش ۋەزىپىسىنى چۈشۈردى، ئاپتونوم رايون نۇقتىلىق بۇلغاش مەنبەسى دەپ بېكىتكەن 167 كارخانىنىڭ 9 ى

تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا ئۆلچەمگە يەتتى، 26 سى تۈزەش ۋەزىيىتىنى ئاساسەن ئورۇندىدى، 45 ى تۈزىۋاتىدۇ، 27 سى قانۇن بويىچە تاقىۋېتىلدى. ئۆزلۈكىدىن ئىش توختاتتى ياكى ۋەيران بولدى. نېفىتلىكنىڭ تەكشۈرۈش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش جەھەتتە بۇلغىنىشنى تىزگىنلەش ۋە ئۇنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، مۇھىت ئاسراش بويىچە نىشان مەسئۇلىيەتنامىسى ئىمزالاندى. تارىم نېفىتلىك شىركىتى 190 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ گاز ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇپ، نېفىت بىلەن بىللە چىقىدىغان گازدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى. شەرقىي جۇڭغار ۋە سەيىنەن نېفىتلىكىدە يەككە قۇدۇقلارنىڭ مۇھىتنى بۇلغىشى تۈزەلدى، تۈزىشىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى شەرقىي جۇڭغاردا %80كە، سەيىنەندە %95كە يەتتى. قاراماي نېفىتلىكى 70 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ بۇلغىمىلارنى كۆيدۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش زاۋۇتى قۇرۇپ، بۇلغىمىلارنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارىنى ئۆلچەمگە يەتكۈزدى. 24 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ قويۇق نېفىت ۋە يۇندىنى بىر تەرەپ قىلىش مۇئەسسەسى قۇردى، 1 مىليون 700 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ ئۆلچەملىك سۇيۇقلۇق چىقىرىۋېتىش كۆلچىكى ياساپ قۇدۇق ئاستى مەشغۇلاتى جەھەتتىكى بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئالدى. تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى مۇھىت سەزگۈر رايونلاردا تەكشۈرۈش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش بويىچە ئورۇنلارنىڭ مۇھىتنى باھالىشىنى يولغا قويۇپ مۇھىت بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئالدى. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون سانائەتنىڭ بۇلغىنىشىنى تۈزەش تۈرىدىن 108 نى يولغا قويغانىدى، شۇ يىلى 101 ى پۈتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يۇندىنى تۈزەش تۈرى 22، كېرەكسىز گازنى تۈزەش تۈرى 69، كېرەكسىز قاتتىق جىسىملارنى تۈزەش تۈرى 5، شاۋقۇن - سۈرەننى تۈزەش تۈرى 3، باشقا تۈر 2. ئاپتونوم رايون بىۋاسىتە ئورۇنلاشتۇرغان تۈزەش تۈرى 30، بۇنىڭ ئىچىدە پۇل بۆلۈپ بېرىلگەن تۈر 28، قەرز پۇل بېرىلگەن تۈر 2. ئورۇنلاشتۇرۇلغان تۈزەش مەبلىغى 9 مىليون 8000 يۈەن. سانائەتنىڭ بۇلغىشىنى تۈزەش تۈرىگە شۇ يىلى 135 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە يۇندىنى تۈزەشكە ئىشلىتىلگىنى 27 مىليون 559 مىڭ يۈەن، كېرەكسىز گازنى تۈزەشكە ئىشلىتىلگىنى 99 مىليون 783 مىڭ يۈەن، كېرەكسىز قاتتىق جىسىملارنى تۈزەشكە ئىشلىتىلگىنى 4 مىليون 350 مىڭ يۈەن، شاۋقۇن - سۈرەننى تۈزەشكە ئىشلىتىلگىنى 1 مىليون 140 مىڭ يۈەن، باشقىلارنى تۈزەشكە ئىشلىتىلگىنى 2 مىليون 370 مىڭ يۈەن. پۈتكەن تۈرلەر بويىچە يېڭىدىن كۆپەيگەن كۈنىگە يۇندىنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى 70 مىڭ 579 توننا، سائىتىگە بىر تەرەپ قىلىنىدىغان كېرەكسىز گاز 2 مىليون 116 مىڭ 500 ئۆلچەملىك كۇب مېتىر، يىلىغا بىر تەرەپ قىلىنىدىغان كېرەكسىز قاتتىق جىسىم 50 مىڭ 5 توننا.

ۋاڭ كۈن

## مۇھىت ئاسراش كەسپى

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى دۆلەتكە ماگنىتلاشتۇرۇلغان بىرىكمە ئوغۇت مەنبە قىلىنغان ھەر تەرەپلىمە پايدىلىنىلىدىغان مۇنەۋۋەر تېخنىكىنى مەلۇم قىلدى. مۇھىت ئاسراش مەھسۇلاتىدىن 50 ى ئېتىراپ قىلىندى. ئۈرۈمچى نېفىت - خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى پار قازان قۇراشتۇرۇش شىركىتى قاتارلىق 7 كارخانىنىڭ «FWSH ۋاكۇئۇملۇق نىسبىي ئۆزگىرىشچان ئىسسىق سۇ پارقازىنى» قاتارلىق 8 تۈرى «2000 - يىللىق دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق مەشئەل پىلانى تۈرى»گە كۆرسىتىلدى. 4 كارخانىنىڭ مۇھىت ئاسراش مەھسۇلاتى 4 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك مۇھىت ئاسراش كەسپى ۋە 6 - نۆۋەتلىك خەلقئارا مۇھىت ئاسراش كۆرگەزمىسىگە قاتناشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ خۇيتوڭ مېبىلوۋېي مۇھىت ئاسراش ئۈسكۈنىلىرى چەكلىك شىركىتىنىڭ ئاپتوموبىلغا ئىشلىتىلىدىغان بېنزىن بىلەن گازنى ئالماشتۇرۇپ يېقىلغۇ قىلىش قۇرۇلمىسى ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا، فۇكاڭ شەھىرى «ئۈمىد دېڭىزى» سودا - سانائەت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ «لاۋجۈن» ماركىلىق يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئېنېرگىيە تېجەيدىغان نورمال بېسىملىق ئۇرە پارقازىنى بىلەن شىنجاڭ «خەيكې» سودا - سانائەت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ ۋاكۇئۇملۇق نىسبىي ئۆزگىرىشچان كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئىسسىق سۇ پارقازىنى مۇنەۋۋەر مەھسۇلات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. شىنجاڭ مۇھىت كۆزىتىش - ئۆلچەش مەركىزىي پونكىتىنى ئاپتونوم رايوندىكى مۇھىت ئاسراش مەھسۇلاتلىرىنى تەكشۈرۈش ئاپپاراتى قىلىشقا ئىلتىماس قىلىنغانىدى، بۇ ئىلتىماسنى دۆلەت مۇھىت ئاسراش باش ئىدارىسى تەستىقلىدى، بۇنىڭ بىلەن بۇ ئورۇن سالاھىيەتنامە ئالدى.

لى لى

## سانائەتتىكى «ئۈچ كېرەكسىز»نى قويۇپ بېرىش ۋە تۈزەش

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە سانائەت يۇندىسىنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى 169 مىليون كۇب مېتىرغا چۈشۈپ، 1998 - يىلدىكىدىن %13.1 ئازايدى، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيىدىن يۇقىرى ئورۇنلار قويۇپ بەرگىنى 156 مىليون كۇب مېتىر، يۇندىنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىش نىسبىتى %76.1 بولۇپ، %6.1 كۆپەيدى. سانائەت كېرەكسىز گازلىرىنىڭ

قويۇپ بېرىلىش مىقدارى 183 مىليارد 874 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىپ، 2.7% كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيىدىن يۇقىرى ئورۇنلار قويۇپ بەرگىنى 179 مىليارد 30 مىليون كۇب مېتىر. كېرەكسىز گازنىڭ ئۇنىۋېرسال بىر تەرەپ قىلىنىش نىسبىتى 92.3%كە يېتىپ، 5.4% ئاشتى. سانائەتتىكى كېرەكسىز قاتتىق جىسىملارنىڭ چىقىرىلىش مىقدارى 7 مىليون 23 مىڭ 400 توننا بولۇپ، 2.7% كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيىدىن يۇقىرى ئورۇنلار چىقارغىنى 5 مىليون 165 مىڭ توننا، ئۇنىۋېرسال تۈزىلىش نىسبىتى 50.1% بولۇپ، 0.40% ئازىيىپ كەتتى.

ۋاڭ يىجيەن

## سانائەت يۇندىسىنىڭ قويۇپ بېرىلىشى ۋە بىر تەرەپ قىلىنىشى

1999 - يىلى ھەر قايسى ساھەلەرنىڭ يۇندىنى بىر تەرەپ قىلىش تۈرى 24 بولۇپ، بۇنىڭغا 22 مىليون 759 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ پۈتتۈرۈلگەن تۈر 22 بولۇپ، كۈنىگە 70 مىڭ 579 توننا يۇندىنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى كۆپەيدى.

ھەر قايسى ساھەلەردە سانائەت يۇندىسى ۋە بۇلغىمىلارنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى

| ساھە نامى | سانائەت يۇندىسىنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى (تۈمەن توننا) | خىمىيىلىك ئېھتىياجلىق ئوكسىگېننىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى (توننا) | نېفىت تۈرىدىكىلەرنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى (توننا) | زەھەرلىك، زىيانلىق بۇلغىمىلارنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى (تۈمەن توننا) | سانائەت يۇندىسىنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىش مىقدارى (تۈمەن توننا) |
|---|---|---|---|---|---|
| ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي | 16282.1 | 123775.2 | 2960.96 | 16.98 | 19313.86 |
| قازمىچىلىق | 1488.21 | 9163.17 | 2779.06 | 11.19 | 1255.09 |
| يېمەكلىك، تاماكا پىششىقلاش سانائىتى | 2492.07 | 39325.1 | 11.5 | | 2870.92 |
| توقۇمىچىلىق | 1663.71 | 6002 | | 0.73 | 476.47 |
| خىمىيە سانائىتى خام ئەشياسى ۋە خىمىيىۋى مەھسۇلات ئىشلەش ساھەسى | 397.3 | 343.44 | 18.55 | 0.03 | 383.8 |
| نېفىت پىششىقلاش ۋە كوكس كۆيدۈرۈش ساھەسى | 2243.98 | 1464.95 | 62.52 | 0.71 | 2466.43 |
| غەيرىي مېتال مىنېراللىرى ئىشلەش ساھەسى | 312.69 | 22.83 | 0.42 | | 52.37 |
| قارا مېتال تاۋلاش ۋە پروكاتلاش ساھەسى | 1733.11 | 735.93 | 45.1 | 4.05 | 4125.63 |
| ئېلېكتر قۇۋۋىتى، كۆمۈر - گازى ۋە سۇ ئىشلەپچىقىرىش ھەم سۇ بىلەن تەمىنلەش ساھەسى | 2552.02 | 42.32 | 16.88 | 0.17 | 5110.33 |
| باشقا ساھەلەر | 3399.01 | 66675.46 | 26.93 | 0.1 | 2572.82 |

ۋاڭ يىجيەن

## سانائەت كېرەكسىز گازلىرىنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى ۋە ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش

1999 - يىلى ساھەلەرنىڭ كېرەكسىز گازنى بىر تەرەپ قىلىش تۈرى 74 بولۇپ، بۇ تۈرلەرگە 99 مىليون 783 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ 69 تۈر پۈتتى، بۇنىڭ بىلەن سائەتكە 2 مىليون 116 مىڭ 500 ئۆلچەملىك كۇب مېتىر كېرەكسىز گازنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى كۆپەيدى.

ساھەلەردە سانائەت كېرەكسىز گازلىرى ۋە بۇلغىمىلارنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى

| ساھە نامى | سانائەت كېرەكسىز گازلىرىنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى (تۈمەن ئۆلچەملىك كۇب مېتىر) | ئىس، چاڭ - توزاڭنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى (توننا) | كاربون ئوكسىدىنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى (توننا) | توزۇندىلارنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى (توننا) | سانائەت كېرەكسىز گازلىرىنىڭ ئۈنۈمىسال بىر تەرەپ قىلىنىش مىقدارى (تۈمەن ئۆلچەملىك توننا) |
|---|---|---|---|---|---|
| ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي | 18387446 | 125380.6 | 197909.3 | 120404 | 16966466 |
| قازمىچىلىق | 989544 | 2048.38 | 19497.1 | 4110.17 | 544732 |
| يېمەكلىك، تاماكا پىششىقلاش ساھەسى | 1170278 | 7310.63 | 16512.65 | 178.87 | 1151338 |
| توقۇمىچىلىق | 540529 | 2346.48 | 5823.93 | 33.53 | 516167 |
| خىمىيە سانائىتى خام ئەشياسى ۋە خىمىيىۋى مەھسۇلات ئىشلەش ساھەسى | 341687 | 14993.48 | 3128.02 | 72.25 | 248565 |
| نېفىت پىششىقلاش ۋە كوكس كۆيدۈرۈش ساھەسى | 1916266 | 2089.18 | 7632.33 | 1407.19 | 1908787 |
| غەيرىي مېتال مىنېراللىرى ئىشلەش ساھەسى | 4490667 | 11630.12 | 19486.44 | 106410 | 4016905 |
| قارا مېتال تاۋلاش ۋە پروكاتلاش ساھەسى | 1449770 | 5800.7 | 12262.68 | 42 | 1336186 |
| ئېلېكتر قۇۋۋىتى، كۆمۈر گازى ۋە سۇ ئىشلەپچىقىرىش ھەم سۇ بىلەن تەمىنلەش ساھەسى | 6752334 | 59694.68 | 97968.24 | 33.54 | 6546974 |
| باشقا ساھەلەر | 726371 | 19466.95 | 15597.91 | 8116.45 | 696812 |

ۋاڭ يىجيەن

## سانائەتتىن چىقىدىغان كېرەكسىز قاتتىق جىسىملار، ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش

1999 - يىلى ساھەلەرنىڭ كېرەكسىز قاتتىق جىسىملارنى بىر تەرەپ قىلىش تۈرى 5 بولۇپ، بۇ تۈرلەرگە 4 مىليون 350 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ 5 تۈر پۈتكۈزۈلدى، بۇنىڭ بىلەن يىلىغا 50 مىڭ 5 توننا كېرەكسىز قاتتىق جىسىمنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى كۆپەيدى.

ساھەلەردە كېرەكسىز قاتتىق جىسىملارنىڭ چىقىرىلىش مىقدارى، ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش

| ساھە نامى | سانائەتتە كېرەكسىز قاتتىق جىسىملارنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى (تۈمەن توننا) | كېرەكسىز، قاتتىق سانائەت جىسىملىرىدىن پايدىلىنىش مىقدارى (تۈمەن توننا) | كېرەكسىز، قاتتىق سانائەت جىسىملىرىنىڭ يىللىق ساقلىنىپ قېلىش مىقدارى (تۈمەن توننا) | كېرەكسىز، قاتتىق سانائەت جىسىملىرىنىڭ بىرتەرەپ قىلىنىش مىقدارى (تۈمەن توننا) | كېرەكسىز، قاتتىق سانائەت جىسىملىرىنىڭ چىقىرىلىش مىقدارى (تۈمەن توننا) |
|---|---|---|---|---|---|
| ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي | 702.34 | 267.38 | 4056.55 | 84.42 | 111.43 |
| قازمىچىلىق | 309.2 | 37.62 | 2924.38 | 15.97 | 96.2 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| يېمەكلىك، تاماكا پىششىقلاش ساھەسى | 109.96 | 92.94 | 0.05 | 2.41 | 11.95 |
| توقۇمىچىلىق | 7.64 | 6.61 | | 0.5 | 0.36 |
| خىمىيە سانائىتى خام ئەشياسى ۋە خىمىيىۋى مەھسۇلات ئىشلەش ساھەسى | 9.91 | 6.6 | 47.76 | 1.24 | 0.01 |
| نېفىت پىششىقلاش ۋە كوكس كۆيدۈرۈش ساھەسى | 38.19 | 14.22 | 11.28 | 25.34 | 0.01 |
| غەيرىي مېتال مىنېراللىرى ئىشلەش ساھەسى | 6.86 | 4.75 | 0.28 | 1.19 | 0.72 |
| قارا مېتال تاۋلاش ۋە پروكاتلاش ساھەسى | 72.76 | 60.94 | 228.9 | 0.19 | 0.27 |
| ئېلېكتر قۇۋۋىتى، كۆمۈر - گازى ۋە سۇ ئىشلەپچىقىرىش ھەم سۇ بىلەن تەمىنلەش كەسپى | 124.12 | 28.92 | 759.35 | 34.54 | 1.5 |
| باشقا ساھەلەر | 23.7 | 14.78 | 84.55 | 3.04 | 0.41 |

ۋاڭ يىجيەن

# سودا

## دۆلەت سودىسى

### سودىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ئىستېمال بۇيۇملىرى بازىرىدا مال مەنبەسى تولۇق بولدى. تاۋارلارنىڭ ئومۇمىي مىقدارى جەھەتتە تەمىنلەش ئېھتىياجدىن ئېشىپ كەتتى، ئىستېمال جەھەتتىكى ئېھتىياج يېتەرسىز بولۇپ، تاۋار قۇرۇلمىسى خاراكتېرلىك زىددىيەت گەۋدىلىك بولدى. تاۋارلارنىڭ باھاسىنى چۈشۈرۈپ، رىقابەتلىشىپ سېتىش كارخانىلار ئارا رىقابەتلىشىشتىكى مۇھىم ۋاسىتىگە ئايلاندى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ئىستېمال بۇيۇملىرى بازىرى تەدرىجىي ياخشىلاندى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 34 مىليارد 700 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %6 ئاشتى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت سودىسى (نېفىت بۆلىكى سىرتىدا) دا تاۋارلارنىڭ سېتىۋېلىنىش ئومۇمىي سوممىسى 2 مىليارد 708 مىليون يۈەن بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن %17.7 تۆۋەنلەپ كەتتى؛ تاۋارلارنىڭ سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 3 مىليارد 400 مىليون يۈەن بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن %15.7 تۆۋەنلەپ كەتتى؛ ئامباردىكى تاۋارلارنىڭ قىممىتى 1 مىليارد 203 مىليون يۈەن بولۇپ، %7.8 تۆۋەنلەپ كەتتى.

ستاتىستىكىغا كىرگۈزۈلگەن 29 چوڭ تۈردىكى تاۋار ئىچىدە توپ سېتىلىش سوممىسى ئاشقان تاۋارلار ئىچىملىك، تۆرمۇش بۇيۇملىرى، تۇرمۇشقا كېرەكلىك ئېلېكتر سايمانلىرى، ئۈن - سىن سايمانلىرى، ئالتۇن - كۈمۈش، مەرۋايىت، يېيىشقا ئىشلىتىلىدىغان بۇيۇملاردىن ئىبارەت 6 چوڭ تۈردىكى تاۋار بولۇپ، %20.7نى ئىگىلىدى. پارچە سېتىلىش سوممىسى ئاشقان تاۋارلار هاراق، كىيىم - كېچەك، ئاياغ - باش كىيىم، گىرىم بۇيۇملىرى، يۇيۇشقا ئىشلىتىلىدىغان بۇيۇملار، تۇرمۇشقا ئىشلىتىلىدىغان ئېلېكتر سايمانلىرى، ئۈن - سىن سايمانلىرى، مەدەنىيەت - تەنتەربىيە بۇيۇملىرى، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ۋە ئائىلەردە ئىشلىتىلىدىغان ئۆي ئىچى بېزەكلىرىدىن ئىبارەت 10 چوڭ تۈردىكى تاۋار بولۇپ، %34.5نى ئىگىلىدى.

ستاتىستىكىغا كىرگۈزۈلگەن 51 خىل ئاساسلىق تاۋار ئىچىدە توپ سېتىلىش سوممىسى ئاشقىنى 16 بولۇپ، %31نى، پارچە سېتىلىش سوممىسى ئاشقىنى 17 بولۇپ، %33نى ئىگىلىدى. سېتىش سوممىسىنىڭ ئۆرلەش نىسبىتى بىر قەدەر زور بولغان تاۋارلار ئىچىملىك، ئۈزۈم هارىقى، 25 دىيوملۇق رەڭلىك تېلېۋىزور، توڭلاتقۇ، كىر ئالغۇ، هاۋا تەڭشىگۈچ، گىرىم بۇيۇملىرى، ئالتۇن - كۈمۈش، مەرۋايىت قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى %10تىن يۇقىرى بولدى.

سودا سىستېمىسىدا تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 1 مىليارد 881 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر دەرىجىلىك سودا بازارلىرىدا سېتىلغىنى 1 مىليارد 749 مىليون يۈەن بولۇپ، %91.4نى، ناهىيە دەرىجىلىك بازارلاردا سېتىلغىنى 121 مىليون يۈەن بولۇپ، %6.4نى ئىگىلىدى؛ ناهىيىدىن تۆۋەن دەرىجىلىك بازارلاردا سېتىلغىنى 11 مىليون 490 مىڭ يۈەن بولۇپ، %2.2نى ئىگىلىدى. شەھەر دەرىجىلىك سودا بازارلىرىدا تاۋارلارنىڭ سېتىلىش نىسبىتى ئاشتى، ناهىيىدىن تۆۋەن دەرىجىلىك سودا بازارلىرىدا سېتىلىش نىسبىتى تۆۋەنلىدى. ناهىيە دەرىجىلىكتىن تۆۋەن سودا بازارلىرىدا تاۋارلارنىڭ سېتىلىش نىسبىتىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىدىكى سەۋەب بىرىنچىدىن دېھقانلارنىڭ كىرىمى تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكتىن، ئىككىنچىدىن يېزا بازارلىرىنى ئېچىش ھەقىقىي ئەمەلىيلەشمىگەنلىكتىن بولدى.

يالڭ جىمىن

### سودا تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ سودا سىستېمىسىدا كارخانىلارنىڭ تەشكىلىي ۋە تىجارەت قۇرۇلمىسى يەنىمۇ تەڭشىلىپ، دۆلەت مۈلكىنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق يۆتكىلىشى ۋە قايتا تەشكىللىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە گۇرۇھ شىركىتى 7گە يەتتى، 97 كارخانا پاي تۈزۈمىدىكى كارخانىغا ئۆزگەرتىلدى، 46 كارخانا قوشۇۋېتىلدى، 30 كارخانا سېتىلدى، 58 كارخانا ئىجارىگە بېرىلدى، 126 كارخانا هۆددىگە بېرىلدى. خەلق باشقۇرغان

## ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت ئىلكىدىكى سودا سىستېمىسىدا نۇقتىلىق تەكشۈرۈلگەن ئورۇنلارنىڭ 1999 - يىللىق تاۋار سېتىش ئەھۋالى

بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| تۈرى | جەمئىي | توپ سېتىلغىنى | پارچە سېتىلغىنى |
|---|---|---|---|
| جەمئىي | 324294 | 144754 | 179540 |
| يېمەكلىكلەر | 39713 | 17711 | 22002 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: گۆش، قۇش گۆشى، تۇخۇم | 11121 | 6573 | 4548 |
| سۇ مەھسۇلاتلىرى | 682 | 469 | 213 |
| ئىچىملىكلەر | 12324 | 9297 | 3027 |
| تاماكا | 25138 | 21255 | 3883 |
| ھاراق | 47079 | 39756 | 7323 |
| توقۇلما بۇيۇملار | 6324 | 2042 | 4282 |
| ئىلمە توقۇلما بۇيۇملار | 7628 | 2270 | 5358 |
| كىيىم - كېچەكلەر | 35370 | 2309 | 33061 |
| باش - ئاياغ كىيىملەر | 8744 | 566 | 8178 |
| گىرىم بۇيۇملىرى | 13400 | 7771 | 5629 |
| كۈندىلىك بۇيۇملار | 25154 | 8594 | 16560 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: سائەت، كۆز ئەينەكلەر | 2546 | 223 | 2323 |
| يۇيۇش بۇيۇملىرى | 8432 | 5602 | 2830 |
| ھەرخىل مېتال، مانتېيورلۇق سايمانلىرى | 5454 | 2268 | 3186 |
| تۇرمۇشقا كېرەكلىك ئېلېكتر سايمانلىرى | 35826 | 13268 | 22558 |
| ئۈن - سىن سايمانلىرى | 23192 | 6398 | 16794 |
| تەنتەربىيە، كۆڭۈل ئېچىش بۇيۇملىرى | 2854 | 258 | 2596 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: ئېلېكترون نەشر بۇيۇملىرى ۋە ئۈن - سىن بۇيۇملىرى | 261 | | 261 |
| مەدەنىيەت، ئىشخانا بۇيۇملىرى | 6937 | 1389 | 5548 |
| بۇنىڭ ئىچىدە ئالاقىلىشىش سايمانلىرى | 407 | 3 | 404 |
| ئالتۇن - كۈمۈش، ئۈنچە - مەرۋايىت | 7552 | 333 | 7219 |
| بۇنىڭ ئىچىدە ئالتۇن | 4428 | 251 | 4177 |
| ئۆي سايمانلىرى | 1770 | 51 | 1719 |
| بىناكارلىق ۋە بېزەك ماتېرىياللىرى | 162 | 2 | 160 |
| بۇنىڭ ئىچىدە ئائىلىلەردە ئىشلىتىلىدىغان ئۆي ئىچى بېزەكلىرى | 113 | | 113 |
| خىمىيە سانائىتى ماتېرىياللىرى ۋە مەھسۇلاتلىرى | 2393 | 2021 | 372 |
| باشقىلار | 17280 | 7195 | 10085 |

ھەلىق باشقۇرغان دۆلەت كارخانىسى 351 بولۇپ، 27 سىنىڭ زەيران بولغانلىقى جاكارلاندى. كارخانىلارنىڭ تۆزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىش كۆلىمى 70%تىن يۇقىرى بولدى. سودا نازارىتىگە بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانىلار ئىچىدە، مۇستەقىل ھېساباتلىق ۋە تىجارەت قىلىدىغان ئورۇن 178 بولۇپ، 102 ئورۇننىڭ تۈزۈلمىسى ئوخشىمىغان شەكىلدە ئۆزگەرتىلدى. ئۆزگەرتىلىش كۆلىمى 55% بولدى. ئايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ ماددىي ئەشيا سىستېمىسى، سانجى ئوبلاستىنىڭ سودا سىستېمىسى، قۇمۇل ماددىي ئەشيا - سودا سىستېمىسى، ئىلى ئوبلاستىنىڭ سودا سىستېمىسى، شىنجاڭ سودا ترانسپورت باش شىركىتى، ماددىي ئەشيالاردىن قايتا پايدىلىنىش باش شىركىتى، تۈرلۈك ماللار باش شىركىتى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى باش شىركىتىدە تۈزۈلمە ئۆزگەرتىلىش كۆلىمى 80%تىن يۇقىرى بولدى.

كارخانا ئىسلاھاتىدا يېڭى ئېچىش نۇقتىسى يېتىشتۈرۈشكە دىققەت قىلىندى. بۇنىڭدا بىرىنچىدىن، ئەسلىدە بار بولغان ساراي، قورۇق ئامبارلاردىن پايدىلىنىپ، سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ كىرگۈزۈلدى، توپ سېتىش بازىرى قۇرۇلدى، تاۋار تىجارىتى مۈلۈك تىجارىتىگە ئۆزگەرتىلدى. ئىككىنچىدىن، داڭلىق ۋە تايانچ تاۋارلار ئاساس قىلىنىپ، ئومۇمىي تىجارەت، ئومۇمىي ۋاكالەتچىلىك، بىرلەشمە تىجارەت - بىرلەشمە سېتىش يولغا قويۇلۇپ، كۆلەملىك تىجارەت ۋە كەسپلەشكەن تىجارەت يولغا ېچىلدى. سودا سىستېمىسى ۋاكالەتچىلىك قىلغان تاۋار 67 خىلغا يەتتى. تۈرلۈك ماللار باش پونكىتىغا قاراشلىق 31 داڭلىق تىجارەت ئورنىنىڭ سېتىش سوممىسى باش پونكىت سېتىش سوممىسىنىڭ 90% تىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى. ئۈچىنچىدىن، زەنجىرسىمان تىجارەت سىناق نۇقتىلىرى پاتال ئىلگىرى سۈرۈلدى. شىنجاڭ قوشۇمچە يېمەكلىكلەر گۇرۇھى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك كۆكتات - قوشۇمچە يېمەكلىكلەر باش شىركىتى ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ تۈرلۈك ماللار، قوشۇمچە يېمەكلىكلەر تىجارىتىنى ئاساس قىلغان «شىڭجيا» زەنجىرسىمان دۇكىنى ۋە «لۈيۈەن» خەلقئە قولايلىق زەنجىرسىمان دۇكىنىدىن 11نى قۇردى، سېتىلغان ماللارنىڭ خىلى ئاز بولغاندا 100 دىن ئارتۇق، كۆپ بولغاندا 10 مىڭغا يېقىنلاشتى، يىللىق سېتىش سوممىسى 5000 يۈەندىن 20 مىڭ يۈەنگىچە ئارىلىقتا بولدى. تۆتىنچىدىن، يېزا بازارلىرى ئېچىلىپ، تور - نۇقتىلار يېزىلارغا قۇرۇلۇپ، تاۋارلار شەھەردىن بىر تۇتاش تەقسىملەپ توشۇپ بېرىلدى.

گۇ چىڭ

## گۆش تىجارىتى

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر يېمەكلىكلەر شىركىتى سىستېمىسىدا سېتىۋېلىنغان گۆش 4680 توننا بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 44% تۆۋەنلەپ كەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە چوشقا گۆشى 1672 توننا بولۇپ 12.3% ئاشتى؛ كالا گۆشى 652 توننا بولۇپ، 59.3% تۆۋەنلەپ كەتتى؛ قوي گۆشى 2396 توننا بولۇپ، 54.5% تۆۋەنلەپ كەتتى. سېتىلغان گۆش 10 مىڭ 514 توننا بولۇپ، 1.9% تۆۋەنلەپ كەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، سېتىلغان چوشقا گۆشى 4823 توننا بولۇپ، 17.3% تۆۋەنلەپ كەتتى؛ كالا گۆشى 924 توننا بولۇپ، 37.2% تۆۋەنلەپ كەتتى؛ قوي گۆشى 4767 تونىغا يېتىپ، 39.3% ئاشتى. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىيەتتە سېتىلغان گۆش 156 مىڭ توننا بولۇپ، 23.9% تۆۋەنلەپ كەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سودا بازارلىرىدا پۈتتۈشۈپ سېتىلغىنى 145 مىڭ 400 توننا بولۇپ، 93%نى، يېمەكلىكلەر شىركىتى ساتقىنى 7%نى ئىگىلىدى. ئېھتىياج تۆۋەن، سېتىۋېلىش كۈچى تارقاق بولۇش ۋە دۆلەت يېمەكلىك تارماقلىرىنىڭ تىجارىتىنىڭ تارىيىشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن گۆشنىڭ سېتىلىش نىسبىتى يىلمۇ يىل تۆۋەنلەپ كەتكەن.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە گۆش بازىرى مۇقىم بولدى، باھا مۇقىم بولۇش ئاساسىدا تۆۋەنلىدى. باھانىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب چارۋىچىلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىندى، قولدىن چىقىرىلغان چارۋىلار خېلى كۆپ بولدى، گۆش مەنبەسى بىرقەدەر تولۇق بولدى. 1999 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ھەر كىلوگرام ئۇستىخانلىق قوي گۆشىنىڭ ئاۋات پەسىلدىكى پارچە سېتىلىش باھاسى 10 يۈەندىن 11 يۈەنگىچە، كاسات پەسىلدىكى پارچە سېتىلىش باھاسى 13 يۈەندىن 14 يۈەنگىچە، چوشقا گۆشىنىڭ 8 يۈەندىن 8.5 يۈەنگىچە، كالا گۆشىنىڭ 10 يۈەندىن 12 يۈەنگىچە بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 10% ئۆپچۆرىسىدە تۆۋەنلىدى.

1999 - يىلى دۆلەت ئىچكى سودا ئىدارىسى، «خۇاشاڭ» زاپاس تاۋارلارنى باشقۇرۇش مەركىزى ئاپتونوم رايونغا 500 توننا چوشقا گۆشى، 500 توننا قوي گۆشىنى زاپاس ساقلاش دۆلەت پىلانىنى تەقسىملەپ بەرگەنىدى، ھازىر ئامبارغا كىرگۈزۈش - چىقىرىش خىزمىتى تولۇق ئورۇندالدى. 1999 - يىلى دۆلەت ئىچكى سودا ئىدارىسى ئاپتونوم رايونغا ئۆلكىلەر ئارا تەڭشىلىدىغان گۆشتىن 500 توننا چوشقا گۆشىنى تەڭشەپ يۆتكەپ بەردى. ئاپتونوم رايون 500 توننا كالا، قوي گۆشىنى زاپاس ساقلاشنى ئورۇنلاشتۇردى. ئۇندىن باشقا مۇسۇلمانلارنى ھېيتلىق گۆش بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن يېمەكلىكلەر شىركىتى 10 مىڭغا يېقىن قوينى بوردىدى.

ساۋ شاۋلىڭ

## يېمەك - ئىچمەك، مۇلازىمەتچىلىك كەسپى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت سودا ئورۇنلىرىنىڭ يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمەتچىلىك كەسپىدىكى تىجارەت كىرىمى 169 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 9.7% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېمەك - ئىچمەك كەسپىنىڭ كىرىمى 62 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 7.3%؛ مۇلازىمەت كەسپىنىڭ 81 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 18.1% ئاشتى، باشقا كەسپلەرنىڭ 25 مىليون 780 مىڭ يۈەن بولۇپ، 5.7% تۆۋەنلىدى. تىجارەت زىيىنى 1 مىليون 700 مىڭ يۈەن بولۇپ، 85.2% ئازايدى. بۇنىڭ ئىچىدە يېمەك - ئىچمەك كەسپىدە ئازايغىنى 2 مىليون 330 مىڭ يۈەن، مۇلازىمەت كەسپىدە ئازايغىنى 5 مىليون 910 مىڭ يۈەن، باشقا كەسپلەردە ئازايغىنى 1 مىليون 560 مىڭ يۈەن. مۇلازىمەت كەسپلىرىدىن ساتىراشچىلىقتا 79%، ساياھەتچىلىكتە 167% پايدا ئاشتى. سارايچىلىقتا 96%، ھاماچىلىقتا 4% زىيان ئازايدى. فوتو سۈرەتچىلىكتە ۋە رېمونتچىلىقتا زىيان 200% ئاشتى، يۇيۇش - بوياش كەسپىدە زىيان 300% ئاشتى.

1999 - يىلى ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمەت شىركەتلىرىنىڭ ساياھەتچىلىك تىجارىتىدىن قىلغان كىرىمى 1998 - يىلدىكىدىن 37%، پايدىسى 167% ئاشتى. سارايچىلىق كەسپىدە توپ سېتىش بازىرى ئېچىلدى، ياتاقلارنىڭ ئىجارىگە بېرىلىش نىسبىتى 45%كە يەتتى. يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمەت شىركەتلىرى دۇكان، ئۈسكۈنىنى ئىجارىگەبېرىپ بىرلەشمە تىجارەتنى يولغا قويغانلىقتىن ئىقتىسادىي ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى. باشقا كەسپلەردىن 2 مىليون 700 مىڭ يۈەن پايدا يارىتىلدى. 1999 - يىلى ئىچكى سودا ئىدارىسى، دۆلەت ساياھەتچىلىك ئىدارىسى قاتارلىق 9 تارماق بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن 4 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاشپەزلىك تېخنىكىسى مۇسابىقىسىدە شىنجاڭدىن قاتناشتۇرۇلغان 67 ماھىر كوللېكتىپ 2 ئالتۇن مېدال، بىر مىس مېدال ئالدى، ئاممىۋى زىياپەت داستىخىنىنى ھازىرلاش بويىچە ئەلالىق لوڭقىسى ۋە شەخسلەر مۇسابىقىسىدە 8 ئالتۇن مېدال، 14 كۈمۈش مېدال، 21 مىس مېدال ئېلىندى.

پەن شاۋخۇا

## شىنجاڭ قوشۇمچە يېمەكلىكلەر گۇرۇھى شىركىتىنىڭ تىجارەت ئەھۋالى

1999 - يىلى شىنجاڭ قوشۇمچە يېمەكلىكلەر گۇرۇھى شىركىتى تاۋار سېتىش ۋە تىجارەتتىن 308 مىليون يۈەن كىرىم قىلدى، بۇ 1998 - يىلدىكىدىن 19% ئاز، 3 تۈرلۈك خىراجەت چىقىمى 43 مىليون 710 مىڭ يۈەن بولۇپ، 32% ئازايدى، ئۈنۈمۈرسال خىراجەت نىسبىتى 16.6% بولۇپ، 3.38 پىرسەنت پوئىنتى ئازايدى. بانكىدىن ئېلىنغان قەرزنىڭ 5 مىليون 500 مىڭ يۈەنلىك دىرى قايتۇرۇلدى، ئىلگىرىكى يىللاردىن بۇيان يىغىلىپ قالغان 8 مىليون 410 مىڭ يۈەنلىك كونا زىيان تولۇقلاندى. يىل ئاخىرىدىكى زىيان 2مىليون 540 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 15 مىليون 820 مىڭ يۈەن ئازىيىپ، ئازىيىش نىسبىتى 86% بولدى.

1999 - يىلى قوشۇمچە يېمەكلىكلەر بازىرىدا رىقابەت تېخىمۇ كەسكىن بولدى، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ بازارنى ئىگىلەش نىسبىتى تۆۋەنلەپ كەتتى. بۇ گۇرۇھ بازاردىكى ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن تىجارەت - سېتىش تاكتىكىسىنى قوللاندى. تاۋار گۆش تىجارىتىدە دۆلەتنىڭ سىياسەت جەھەتتە يۆلىشى پائال قولغا كەلتۈرۈلدى. شەكسىز گۆش قورۇلۇشىنى يولغا قويۇش تىجارەت تەدبىرى قىلىنىپ، شەكسىز گۆش دۇكانلىرى قۇرۇلۇپ، مەركەز ۋە يەرلىكتىن ئىبارەت 2 دەرىجىلىك گۆش زاپاس ساقلاش خىزمىتى ياخشى ئىشلىنىپ، مەركىزىي شەھەرنى گۆش بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى قوشخانىلار بىلەن بىرلىشىپ سېتىش سالمىقى زورايتىلىپ، تىجارەت خەۋپ - خەتىرىدىن ساقلىنىلدى، بىر يىلدا 1900 توننا چوشقا گۆشى بىرلىشىپ سېتىلدى، بىر يىلدا 20 مىڭ توننا شېكەر سېتىلدى. بىر يىلدا سېتىلغان ھەرخىل ھاراق 5355 توننا بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 1316 توننا ئازىيىپ كەتتى. قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنىڭ تۈرى مول بولدى. دۆلەت ئىلكىدىكى ئاساسلىق تىجارەت شىركەتلىرى بازىرى ئىتتىك، داڭلىق، تاۋارلاشقان ئىچىملىك، سوغۇق ئىچىملىك قاتارلىق يۈرۈشلۈك مەھسۇلاتلار تىجارىتىنى چىڭ تۇتۇپ، پۈتكۈل قوشۇمچە يېمەكلىك سېتىش خىزمىتىنى داڭلىق ماركا ئارقىلىق يېتەكلىدى.

ۋاڭ جۈن

## ھاراق مونوپول تىجارىتىنى باشقۇرۇش

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون ھاراقلارنى توپ سېتىش ئىجازەتنامىسىدىن 207 يۈرۈش، ھاراقلارنى پارچە سېتىش ئىجازەتنامىسىدىن 47 مىڭ 722 يۈرۈش تارقاتتى. ھاراق بازارلىرىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش سالمىقى زورايتىلدى. ھاراقلارنى ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەش كۈچەيتىلىپ، ساختا ھاراقلارنى ياساش، سېتىشتەك قانۇنسىز پائالىيەتلەرگە زەربە بېرىلدى. بىر يىلدا بەلگىلىمىگە خىلاپ ھاراق كىرگۈزۈش دېلوسىدىن 43ى ئېنىقلىنىپ ۋە بىر تەرەپ قىلىنىپ، 30 مىڭ 450 يۈەن جەرىمانە قويۇلدى، ھەرخىل

ساختا ھاراق ۋە ماركا ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىنغان ھاراقتىن 700 نەچچە بوتۇلكا، ساختا، ناچار قاچىلانغان 5000 نەچچە يورۇش يۇيۇم مۇسادىرە قىلىندى.

ۋاڭ جۈن

## توقۇلما، ئىلمە توقۇلمىلار تىجارىتى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ توقۇلما، ئىلمە توقۇلمىلار، كىيىم - كېچەكلەر بازىرىدا مال مەنبەسى تولۇق، تۈرى كۆپ بولدى. دۆلەت سودىسىدا تاۋارلارنىڭ توپ سېتىلىش نىسبىتى ئازايدى، پارچە سېتىلىش نىسبىتى مۇقىم ئاشتى. سودا نازارىتى سىستېمىسىدا بىر يىلدا سېتىلغان تاۋارنىڭ سوممىسى 493 مىليون 230 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 21.7% تۆۋەنلەپ كەتتى، تاۋارلارنىڭ توپ سېتىلىش سوممىسى 66 مىليون 220 مىڭ يۈەن، پارچە سېتىلىش نىسبىتى 427 مىليون 10 مىڭ يۈەن بولدى. سېتىلغان توقۇلمىلارنىڭ سوممىسى 63 مىليون 240 مىڭ يۈەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە پارچە سېتىلغىنىنىڭ سوممىسى 42 مىليون 820 مىڭ يۈەن؛ سېتىلغان ئىلمە توقۇلمىلارنىڭ سېتىلىش سوممىسى 76 مىليون 290 مىڭ يۈەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە پارچە سېتىلغىنىنىڭ سوممىسى 53 مىليون 580 مىڭ يۈەن. 5 مىليون 323 مىڭ مېتىر رەخت سېتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ساپ پاختا رەخت 4 مىليون 877 مىڭ مېتىر بولۇپ، 3.46% ئاشتى؛ سېتىلغان نىلون رەخت 202 مىڭ مېتىر بولۇپ، 33.77% تۆۋەنلىدى؛ سېتىلغان تاۋار - دۇردۇن 322 مېتىر بولۇپ، 66.25% تۆۋەنلىدى؛ سېتىلغان كىيىم - كېچەك 2 مىليون 678 مىڭ دانە بولۇپ، 137.2% ئاشتى.

1999 - يىلى توقۇلمىلار، كىيىم - كېچەك بازىرىدا ئېھتىياج بىلەن تەمىنلەش ئاساسەن تەڭپۇڭلاشتى. ئىشلىتىلىش دائىرىسى كەڭ بولغان ساپ پاختا رەخت، دېلونلۇق پاختا رەختلەر، يۇڭ توقۇلمىلار ئىچىدىكى ئىپىز، سېپتا توقۇلمىلار ھەمدە ھەقىقىي يىپەكتىن توقۇلغان، دەزماللىغاندا قورۇلۇپ قالمايدىغان تاۋار - دۇردۇنلارنىڭ بازىرى ئىتتىك بولدى. كۆپ ساندىكى رەخت بازارلىرىدا ئېھتىياج ئازىيىشقا يۈزلەندى. ئىلمە - توقۇلمىلار بازىرى مۇقىم بولدى. ئىستېمالچىلار پاسونى يېڭى، ئېسىل، داغلىق، ئازادە كىيىملەرگە تېخىمۇ قىزىقىدىغان بولدى. سۈپىتى ياخشى، باھاسى مۇۋاپىق بولغان كاستيۇملار، مودا كىيىملەر ۋە باللار كىيىملىرىنىڭ سېتىلىشى مۇقىم ئاشتى. سۈپىتى ناچار، پاسونى كونا، ئادەتتىكى كىيىملەر بېسىلىپ قېلىپ سېتىلمىدى. سۈپىتى بىلەن باھاسى مۇۋاپىق كىيىملەر ئوبدان سېتىلدى.

لىيۇ شۇدۇڭ

## ئۈرلۈك ماللار تىجارىتى

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئۈرلۈك ماللار باش شىركىتىنىڭ تاۋار سېتىش سوممىسى 154 مىليون 380 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 15.15%، چىقىمى 23 مىليون 200 مىڭ يۈەن بولۇپ، 21.5% ئازايدى. تىجارەتتە ئۆزگىرىشنى ئۆزگەرتىش خىزمىتى مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، كارخانا ئىسلاھاتىنىڭ قەدىمى تېزلىتىلدى.

1. مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىندى. كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تىجارىتى راۋاج تاپمىغان، تاۋارلىرى بېسىلىپ قالغان تارماقلاردا ھېسابات ئورنى كىچىكلىتىلدى. ئۈنۈملۈك مەبلەغ ئايرىپ چىقىلىپ كارخانىلار قايتا تەشكىللەندى؛ شىنجاڭ «جىشىڭ» مۈلۈكدارلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ «بەيلىيەن» گىرىم بۇيۇملىرى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ «تۇڭجۇ» ئۈرلۈك ماللار، ئاياغ - باش كىيىملەر چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدىن ئىبارەت 4 شىركەت قۇرۇلدى.

2. خادىملار قىسقارتىلىپ، ئۈنۈم ئاشۇرۇلدى. كارخانىلاردا ئورۇننى، شتاتنى بېكىتىش يولغا قويۇلۇپ، ئورگانلار ئىخچاملىنىپ، باشقۇرۇش خادىملىرى ئازايتىلدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەركىزىگە كىرگەن، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان خادىملار ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 30%نى ئىگىلىدى.

3. تىجارەت قۇرۇلمىسى تەڭشىلىپ، ئەلا سۈپەتلىك، داغلىق مەھسۇلاتلار تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. بازار تەرەققىيات ئىستىقبالىنى ھازىرلىمىغان بىر تۈركۈم مەھسۇلات تۈرلىرى داۋاملىق شاللىنىپ، داغلىق يەككە مەھسۇلاتلار ۋە تىجارەت بۆلۈمىنىڭ تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىلدى. زاپاس ساقلاش ماركىنىڭ تۈرلىرى جەھەتتىكى بايلىق ئەۋزەللىكى تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇپ، دەرىجىدىن تاشقىرى زاپاس ساقلاش بازارلىرى قۇرۇلدى.

4. مەبلەغ ئىددىتلىنىپ، ئامبار قالدۇقى قىسقارتىلىپ، مەبلەغدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلدى.

بەي مىي

## ھەرخىل مېتال، قاتناش - ئېلېكتر، خىمىيە سانائىتى تاۋارلىرى تىجارىتى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ھەرخىل مېتال، قاتناش - ئېلېكتر، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى، خىمىيە سانائىتى بۇيۇملىرى بازىرىدا مال مول، كارخانىلار ئارا رىقابەت ئادەتتىن تاشقىرى كەسكىن بولدى. شىنجاڭ ھەرخىل مېتال، قاتناش - ئېلېكتر، خىمىيە سانائىتى باش شىركىتىنىڭ سېتىش سوممىسى 38 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە

يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %65.6؛ يىل ئاخىرىدىكى ئامبار قالدۇرۇقى 30 مىليون 350 مىڭ يۈەن بولۇپ، %7.96 ئازايدى؛ ئومۇمىي پايدا نىسبىتى %5.11 بولۇپ، 2.36 پىرسەنت پونكىتى ئاشتى؛ زىيان 10 مىليون 802 مىڭ يۈەن بولۇپ، %14.11 ئازايدى.

1999 - يىلى باش شىركەت ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئاپپاراتلارنى قايتا تەشكىللەپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «جۇخې» چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، «جۇشياڭ» چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، ئالاتاۋ ئېغىزى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدىن ئىبارەت 3 شىركەت ۋە يەرلىك چېگرا سودىسى شۆبە شىركىتى، ئۇنىۋېرسال توپ ۋە پارچە سېتىش 2 - شىركىتىنى قۇردى. ھەرخىل قائىدە - تۈزۈملەر تەدرىجىي قېلىپلاشتۇرۇلدى ۋە مۇكەممەللەشتۇرۇلدى. شىنجاڭ ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى بويىچە تەربىيىلەش مەركىزى قۇرۇلۇپ، «چاڭخۇڭ»، «خەيئېر»، «ئوكىما» قاتارلىق 10 نەچچە داڭلىق زاۋۇتنىڭ ئالاھىدە توختاملاشقان كەسپىي رېمونتچىلىق، تەربىيىلەش پونكىت - نۇقتىسىغا ئايلاندى.

لۇ ۋېي

## كىمىيارتۇق سودىسى كەسپىنىڭ تىجارەت ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە كىمىيارتۇق سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانا 37 بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 14ى كۆپەيدى. كىمىيارتۇق قىلىپ ساتقۇچى 29 بولۇپ، 14ى كۆپەيدى. كىمىيارتۇق كارخانىلىرىنىڭ ئەنگە ئېلىنغان خادىمى 300 بولۇپ، 123ى كۆپەيدى.

1999 - يىلى 205 قېتىم كىمىيارتۇق سودىسى قىلىندى، سودا سوممىسى 321 مىليون يۈەن بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن %42.8 ئازايدى. بۇنىڭ ئىچىدە سېتىلغان ئومۇمىي مۈلۈكنىڭ قىممىتى 14 مىليون 20 مىڭ يۈەن، سەنئەت بۇيۇملىرىنىڭ قىممىتى 3 مىليون 410 مىڭ يۈەن، باشقا تاۋارلارنىڭ قىممىتى 304 مىليون يۈەن.

1999 - يىل 12 - ئايدا ش ئۇ ئا ر كىمىيارتۇق سودىسى كەسپىي جەمئىيىتى قۇرۇلدى.

چېن چاڭئەن

## سودا ساھەسىنىڭ ئامباردا ساقلاش ئەھۋالى

1999 - يىلى شىنجاڭ سودا ساقلاش - توشۇش باش شىركىتىنىڭ تىجارەت كىرىمى 18 مىليون 830 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن %6.9، ياراتقان پايدا - بېجى 1 مىليون 111 مىڭ يۈەن بولۇپ، %23.4، يۇقىرىغا تاپشۇرغان بېجى 1 مىليون 6000 يۈەن بولۇپ، %18.9، ياراتقان پايدىسى 105 مىڭ يۈەن بولۇپ، %49.5 ئازىيىپ كەتتى. يېڭىدىن كۆپەيگەن تۇراقلىق مۈلۈك قىممىتى 2 مىليون 390 مىڭ يۈەن.

گې گۇاڭخۇي

## سودا ساھەسىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش ئەھۋالى

1999 - يىلى سودا نازارىتى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ (سودا، ماددىي ئەشيا ئورۇنلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 23 ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى، بۇ تۈرلەرگە 37 مىليون 350 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، قۇرۇلۇش كۆلىمى 62 مىڭ 680 كۋادرات مېتىر. يەرلىكنىڭ خام چوت پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن 11 تۈر تاماملاندى، بۇ تۈرلەرگە سېلىنغان مەبلەغ 4 مىليون 400 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق تۈرلەردىن شىنجاڭ تۈرلۈك ماللار شىركىتى گۇچۇڭ يولى زاپاس ساقلاش دەرىجىدىن تاشقىرى بازىرى، بۇنىڭغا سېلىنغان مەبلەغ 800 مىڭ يۈەن؛ شىنجاڭ قوشۇمچە يېمەكلىكلەر گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى (شېڭجيا)نىڭ زەنجىرسىمان سېتىش دۇكىنى تور - نۇقتىسى قۇرۇلۇشى 3 بولۇپ، سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليون يۈەن. يېڭىدىن 11 تور - نۇقتا قۇرۇلدى، بۇلارنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 2260 كۋادرات مېتىر. ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى قىسمەن توڭلىتىش ئامبارلىرىنى ئۆزگەرتىش ۋە سودا تور - نۇقتىلىرى قۇرۇلۇشىغا 1 مىليون 150 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

1999 - يىلى ئەرزان، ئەپلىك تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشى تۈرىدىن 7 سى تاماملاندى، بۇلارنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 28 مىڭ 163 كۋادرات مېتىر، سېلىنغان مەبلەغ 25 مىليون 530 مىڭ يۈەن. ئۆسۈمى قوشۇپ بېرىلىدىغان مەخسۇس قەرز پۇل تۈرىدىن 2 سى تاماملاندى. شىنجاڭ قوشۇمچە يېمەكلىكلەر چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى سەنگۇڭ قوشخانىسىنىڭ توڭلىتىش ئامبىرىنى چوڭ رېمونت قىلىپ ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، دۆلەت ئىچكى سودا ئىدارىسىنىڭ توڭلىتىش ئامبارلىرىنى چوڭ رېمونت قىلىشقا بېرىلىدىغان، مەخسۇس تۈردىكى ئۆسۈم قوشۇپ بېرىلىدىغان 5 مىليون يۈەن قەرز پۇلغا ئىلتىماس سۇنۇلۇپ، ھەل قىلىندى؛ شىنجاڭ سانجى «ياجۇڭ» سودا شەھەرچىسى كۆكتات توپ سېتىش بازىرىنىڭ 2 - قارارلىق داۋاملاشتۇرۇپ قۇرۇش قۇرۇلۇشىدا تۈر تۇرغۇزۇش تەستىقلىنىپ، 25 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، قۇرۇلۇشنىڭ كۆلىمى 33 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، يېڭىدىن 1500 توننىلىق، گاز بىلەن تەڭشىلىدىغان توڭلىتىش

ئامبىرى سېلىندى.

1999 - يىلى 8 مىليون 500 مىڭ يۈەنلىك قۇرۇلۇش مىقدارى ئورۇندالدى. بۇنىڭ ئىچىدە بانكىدىن ئېلىنغان قەرز پۇل 5 مىليون يۈەن، دۆلەت ئىچكى سودا ئىدارىسى ئورۇنلاشتۇرۇپ بەرگەن، ئۆسۈم قوشۇپ بېرىلىدىغان مەخسۇس قەرز پۇل 3 مىليون 500 مىڭ يۈەن. كارخانا ئۆسكۈنىلەر ئۈچۈن ئۆزى تەييارلاپ سالغان مەبلەغ 3 مىليون يۈەن.

جياڭ لىڭ

## سودا ئورۇنلىرى باشقۇرۇشىدىكى سانائەت

1999 - يىلى سودا نازارىتى سىستېمىسىدىكى مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان سانائەت كارخانىسى 91، كەسىپ ئازكەم 20. بۇنىڭ ئىچىدە يېمەكلىك سانائىتى كارخانىسى 81. بىر يىلدا بازارلار تەخمىنەن 120 مىڭ توننا ھەرخىل يېمەكلىك بىلەن تەمىنلەندى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە سودا ئورۇنلىرى باشقۇرۇشىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مۈلكى 1 مىليارد 50 مىليون 900 مىڭ يۈەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تۇراقسىز مۈلۈك 465 مىليون 50 مىڭ يۈەن، تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ ساپ قىممىتى 530 مىليون 890 مىڭ يۈەن. 1999 - يىلى ئورۇندالغان سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (شۇ يىلقى باھا) 391 مىليون 960 مىڭ يۈەن، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 97 مىليون 40 مىڭ يۈەن، ئېكسپورتقا تاپشۇرۇلغان مال قىممىتى 16 مىليون 800 مىڭ يۈەن. مەھسۇلاتلارنى سېتىش كىرىمى 455 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە، مەھسۇلاتلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش - سېتىلىش نىسبىتى %85كە، يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان پايدا - باج 27 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1999 - يىلى سودا ئورۇنلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى سانائەتنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسى، كەسىپ قۇرۇلمىسى، مەھسۇلات قۇرۇلمىسىدا ماھىيەتلىك ئۆزگىرىشلەر بولۇشقا باشلىدى. شىنجاڭ ئەنگاڭ جىنيۈەن پولات تۇرۇبا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى «جۇڭجى» تاۋار سېمونت لاي چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، «يېشىل چوقا» سۈلياۋ بۇيۇملىرى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قاتارلىق زامانىۋى كارخانىلار ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلدى. مەھسۇلاتلارنىڭ ئورۇنلىنىش نىسبىتى %90تىن ئاشتى. %100 توختىتىش ئامبارلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىلدى.

جياڭ لىڭ

## 100 شەھەردىكى تۆمەن ماگىزىنىدا ساختا مال بولماسلىق پائالىيىتى

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، سودا نازارىتى، ش ئۇ ئا ر سودا سانائەت ئىدارىسى، ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى ئاپتونوم رايون بويىچە «100 شەھەردىكى تۆمەن ماگىزىنىدا ساختا مال بولماسلىق پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر»نى تارقاتتى. ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر بۇ پائالىيەتنى پۇختا، ئۈنۈملۈك قانات يايدۇردى. جايلار مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى قاتارلىق 4 تارماق تۈزگەن 100 شەھەردىكى تۆمەن ماگىزىنىدا ساختا مال بولماسلىق پائالىيىتىدىكى ئۈلگە كۆرسىتىش ماگىزىنلىرىنىڭ 5 تۈرلۈك ئۆلچىمى ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش كوچىلىرىنىڭ 6 تۈرلۈك ئۆلچىمىگە ئاساسەن ئۆز جايلىرىنىڭ ئۈلگە كۆرسىتىش ماگىزىنى ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش كوچىلىرىنى تەدرىجىي بەرپا قىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى قاتارلىق 4 تارماق مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىگە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ «جۇڭشەن» يولى سودا كوچىسىنى مەملىكەت بويىچە 100 شەھەردىكى تۆمەن ماگىزىنىدا ساختا مال بولماسلىق پائالىيىتىدىكى ئۈلگە كۆرسىتىش كوچىسى بولۇشقا كۆرسەتتى. 3 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە مەملىكەت بويىچە 100 شەھەردىكى تۆمەن ماگىزىنىدا ساختا مال بولماسلىق پائالىيىتىدىكى ئۈلگە كۆرسىتىش كوچىسى — ئۈرۈمچى شەھىرى «جۇڭشەن» يولى دېگەن تاختىنىڭ يوپۇقىنى ئېچىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئەسقەت كەرىمباي، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى دەلىلقان مامىقانلار مۇراسىمغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايوندىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرمۇ بۇ پائالىيەتنى يولغا قويۇش جەريانىدا مۇناسىپ ھالدا بىر تۈركۈم ئۈلگە كۆرسىتىش دۇكىنى ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش كوچىلىرىنى بەرپا قىلىپ، پائالىيەتنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇردى.

جاڭ رۇيىڭ

# ماددىي ئەشيا تىجارىتى

## ئومۇمىي ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ماددىي ئەشيا كارخانىلىرىنىڭ سېتىۋېلىش سوممىسى 1 مىليارد 620 مىليون يۈەن بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن %14.9؛ سېتىش سوممىسى 1 مىليارد 790 مىليون يۈەن بولۇپ، %12.9؛ ئامبار زاپىسى 160 مىليون يۈەن بولۇپ، %30.6 كېمەيدى؛ پايدىسى مىنۇس 24 مىليون 80 مىڭ يۈەن بولۇپ، زىيان %56.6 كېمەيدى. ماددىي ئەشيا كارخانىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ داۋاملىق تۆۋەنلەش يۈزلىنىشى

ئاپتونوم رايوندىكى ماددىي ئەشيا سىستېمىسىنىڭ 1999 ـ يىللىق ماددىي ئەشيا سانىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى

| ماددىي ئەشيا نامى | بىرلىكى | سېتىۋېلىنغىنى | | سېتىلغىنى | | يىل ئاخىرىدىكى ئامبار قالدۇقى | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | ئەمەلىي سېتىۋېلىنغىنى | 1998 ـ يىلدىكىدىن ±% | ئەمەلىي سېتىلغىنى | 1998 ـ يىلدىكىدىن ±% | ئەمەلىي ئامبار قالدۇقى | 1998 ـ يىلدىكىدىن ±% |
| پولات ماتېرىيال | توننا | 110624 | —29.44 | 114317 | —30.26 | 9561 | —18.17 |
| مىس | توننا | 67 | —78.93 | 63 | —79.07 | 30 | 15.38 |
| ئالىيۇمىن | توننا | 18 | —89.94 | 25 | —88.32 | 1 | —85.71 |
| قوغۇشۇن | توننا | 42 | —43.24 | 50 | —61.54 | 43 | —37.68 |
| سىنىك | توننا | 228 | 66.42 | 251 | 109.17 | 1 | —93.75 |
| كۆيدۈرگۈچى ئىشقار | توننا | 3580 | 280.45 | 3421 | 57.72 | 497 | 171.58 |
| ساپ شولتا | توننا | 4556 | 77.21 | 3668 | 7 | 1480 | 145.85 |
| تەبىئىي كاۋچۇك | توننا | 34 | —77.48 | 25 | —91.99 | 11 | —69.44 |
| بىرىكمە كاۋچۇك | توننا | 2556 | —51.44 | 4829 | 47.27 | 0 | —100 |
| پولى ئېتىلېن | توننا | 18915 | —29.12 | 20788 | —38.54 | 5758 | —5.52 |
| بالون | توننا | 9360 | —16.12 | 20400 | 15.97 | 2692 | —80.39 |
| سېمونت | توننا | 72903 | —21.19 | 79226 | —13.22 | 5452 | —62.65 |
| تاختا ئەينەك | ساندۇق | 144937 | 31.86 | 135646 | 1.51 | 36532 | —46.14 |
| ئاپتوموبىل | دانە | 9429 | 6.88 | 10074 | 10.61 | 699 | —58.12 |
| يۈك ئاپتوموبىلى | دانە | 1983 | —38.38 | 1967 | —46.15 | 259 | 30.15 |
| پىكاپ | دانە | 4836 | 53.18 | 5125 | 69.25 | 233 | —77.77 |

توسۇپ قىلىندى. ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بازىرىدا رىقابەت ئېغىرلاشتى. پولات ماتېرىيال، سېمونت، خىمىيە سانائىتى خام ئەشياسى، بىناكارلىق ماتېرىيالى قاتارلىق ئاساسلىق ماددىي ئەشيالارنىڭ باھاسى داۋاملىق تۆۋەنلەپ، ماددىي ئەشيا كارخانىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىگە خېلى زور تەسىر كۆرسەتتى. 33 خىل ئاساسلىق ماددىي ئەشيانىڭ ئىچىدە 21 خىلىنىڭ سېتىلىشى مۇسلاشتى. 1999 ـ يىلى ماددىي ئەشيا سىستېمىسىدا ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ باھا كۆرسەتكۈچى 97.2% بولۇپ، 2.8 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى. دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ۋە ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭشىلىشىگە ئەگىشىپ، قىسمەن كارخانىلار كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبى بولغان ئۇيۇشما كارخانىلىرىغا ئۆزگەرتىلدى. دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ بازارنى ئىگىلەش نىسبىتى يەنىمۇ تۆۋەنلىدى. ناھىيە ۋە ناھىيىدىن تۆۋەن دۆلەت ماددىي ئەشيا كارخانىلىرى ئاساسىي جەھەتتىن پاي ھەمكارلىق تۈزۈمىدىكى كارخانىغا ئۆزگەرتىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ماددىي ئەشيا كارخانىلىرى 1998 ـ يىلدىكىدىن 18ى، كەسىپكاردىن 1385 ى، سېتىش تور ـ نۇقتىسىدىن 61ى ئازايدى.

ۋاڭ لىبىن

# تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى سودىسى

## ئومۇمىي ئەھۋالى

1999 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى

سىستېمىسىدا تاۋارلارنى سېتىۋېلىش سوممىسى 11 مىليارد 443 مىليون يۈەن بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن %18.86 ئازىيىپ كەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سېتىۋېلىنغان يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ سوممىسى 5 مىليارد 952 مىليون يۈەن بولۇپ، %47.49 ئازىيىپ كەتتى، سېتىۋېلىنغان ئىمپورت مال ۋە بىۋاسىتە ئىمپورت قىلىنغان مالنىڭ قىممىتى 339 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %13 ئاشتى؛ تاۋارلارنىڭ سېتىلىش سوممىسى 15 مىليارد 239 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %11.82 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىشكە سېتىپ بېرىلگىنى 5 مىليارد 145 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %1.82 ئاشتى؛ دېھقانلارغا سېتىپ بېرىلگەن ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ سوممىسى 1 مىليارد 838 مىليون يۈەن بولۇپ، %21.69 كېمەيدى؛ ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى توپ سېتىش، پارچە سېتىش سودىسى كەسپىگە سېتىپ بېرىلگىنى 691 مىليون يۈەن بولۇپ، %17.72 ئاشتى؛ ئېكسپورتقا تەمىنلەنگەن ۋە ئېكسپورت قىلىنغان تاۋارلارنىڭ سوممىسى 834 مىليون يۈەن. ئاپتونوم رايوندىكى 15 ۋىلايەت، ئوبلاست (شەھەر) لىق ۋە شىخەنزە شەھەرلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرى ئىچىدە قارامايىنىڭ %48.41، تۇرپاننىڭ %10.35، بايىنغولىننىڭ %27.65، قىزىلسۇنىڭ %21.66، خوتەننىڭ %17.82 ئاشقانلىقى ھېسابقا ئالمىغاندا باشقا ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ سېتىش سوممىسى ئازىيىپ كەتتى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تەمىنات - سودا كوپېراتىپى سىستېمىسىنىڭ 3 تۈرلۈك خىراجەت چىقىمى 2 مىليارد 421 مىليون يۈەن، خىراجەت سەۋىيىسى %14.66 بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 5.23 پىرسەنت پوئىنتى ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدىكى باشقۇرۇش خىراجىتى چىقىمى %6.37، مالىيە خىراجىتى چىقىمى %5.69 ئازايدى، تىجارەت خىراجىتى %14.49 ئاشتى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرى ئاپپاراتلارنى ئىخچاملاش، خادىملارنى قىسقارتىش، فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىش ئىسلاھاتى ئېلىپ باردى. كوپېراتىپقا قاراشلىق كارخانىلار پاي تۈزۈمى، پاي ھەمكارلىق تۈزۈمى قاتارلىق كۆپ خىل تۈزۈملەرگە ئۆزگەرتىلدى، ئۆزگەرتىپ تەشكىللەندى، ئىسلاھ قىلىندى. ستاتىستىكىغا قارىغاندا، سىستېما بويىچە تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلگەن كارخانا 104 كە، ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، قوشۇۋېتىلىپ، قايتا تەشكىل قىلىنغان كارخانا 43 كە، قانۇنىي تەرتىپ بويىچە ۋەيران قىلىنغىنى 56 گە، باشقا چارىلەر بىلەن ئىسلاھ قىلىنغان كارخانا 90 نەچچىگە يەتكەن. چەتكە جايلاشقان، كىچىك، كىرىمى ئاز، زىيان تارتقان بىر تۈركۈم ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، قوشۇۋېتىلدى، بەزى بىر ناھىيىدە بىرلا كوپېراتىپ قويۇلدى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك

ئاپتونوم رايوندىكى تەمىنات - سودا كوپېراتىپى سىستېمىسى بويىچە ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ 1999 - يىللىق ئاساسلىق ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلىرى

سومما بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| كۆرسەتكۈچ / ئورۇنلار | تاۋار سېتىش كىرىمى | 1998 - يىلدىكىدىن ±% | ساپ پايدا | 1998 - يىلدىكىدىن ±% | زىيان تارتقان ئورۇنلارنىڭ زىيان سوممىسى | 1998 - يىلدىكىدىن ±% |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي | 1648261 | —35.2 | —238272 | 273.6 | 241189 | 255.9 |
| ئىلى ئوبلاستى | 27618 | —16 | 96 | —36.8 | 88 | 56.86 |
| ئىلى ۋىلايىتى | 34088 | —14 | —1069 | 762.1 | 1141 | 367.6 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 101331 | —2.9 | —5221 | —4479.8 | 5496 | 1713.9 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | 5823 | —30.2 | —713 | 15.9 | 719 | 14.1 |
| بورتالا ئوبلاستى | 52255 | —14.5 | —6830 | 108.2 | 6845 | 108.4 |
| قاراماي شەھىرى | 4617 | —14.6 | —225 | 40.6 | 245 | 49.4 |
| شىخەنزە شەھىرى | 4018 | —22.7 | | | | |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| سانجى ئوبلاستى | 113195 | -5.4 | 651 | 81.8 | 10 | -96 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 10530 | -12.2 | -1255 | -24.53 | 1567 | -21.7 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 29702 | -14.3 | -4381 | -0.7 | 4384 | 2.6 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 20036 | -20.1 | -1696 | -1146 | 1692 | 713.5 |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | 88307 | 6.9 | -7972 | 114.6 | 8202 | 112.7 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 236372 | -29.4 | -86292 | 346.9 | 86575 | 339.3 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | 9257 | -30.5 | -2604 | 175.8 | 2610 | 173.9 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 305017 | -30.3 | -104829 | 312 | 104997 | 305.7 |
| خوتەن ۋىلايىتى | 68158 | -27.9 | -14487 | 822.2 | 14715 | 572.8 |
| ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك شىركەتلەرنىڭ جەمئىي | 537937 | -52.5 | -1445 | -55.9 | 1903 | -45.7 |

ۋاڭ جيەنيىڭ

تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ مۈلۈك تىجارىتى كىرىمى ۋە باشقا كىرىملىرى 483 مىليون يۈەنگە يەتتى.

يىل ئاخىرىغا قەدەر سىستېما بويىچە دۆلەتكە 277 مىليون يۈەن باج تاپشۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە قوشۇلما قىممەت بېجى 227 مىليون يۈەن.

تۇ لىڭ

## زىياننى پايدىغا ئايلاندۇرۇش خىزمىتى

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر تەمىنات - سودا كوپېراتىپى سىستېمىسى بويىچە زىياننى پايدىغا ئايلاندۇرۇش خىزمىتى ئۈنۈملۈك بولدى. ياختىچىلىقتىكى سىياسەت خاراكتېرلىك زىياننى چىقىرىۋەتكەندە، سىستېما بويىچە تىجارەت كەسپىدىكى پايدا - زىياننى چېقىشتۇرغاندىن كېيىنكى زىيان 1998 - يىلدىكىدىن 31 مىليون 460 مىڭ يۈەن ئازايدى، ئازىيىش نىسبىتى 31.7% بولدى. ئاساسەن مۇنداق تەدبىرلەر قوللىنىلدى:

1) كوپېراتىپ كارخانىلىرىنىڭ تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىش خىزمىتى پائال ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، ئىستراتېگىيىلىك تەڭشەش - ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش يولغا قويۇلدى. كۆچ مەركەزلەشتۈرۈلۈپ ئەۋزەللىككە ئىگە، نۇقتىلىق كارخانىلار پاي تۈزۈمىدىكى كارخانىغا ئۆزگەرتىلدى. 2) كوپېراتىپ بىلەن كارخانا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت يەنىمۇ راۋانلاشتۇرۇلدى. كوپېراتىپ مۈلكىگە مەبلەغ چىقارغۇچى بولۇش تۈزۈمى مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، كوپېراتىپ مۈلكىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. 3) ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپلىرى ئىسلاھ قىلىندى. تايانچ كوپېراتىپلارنى زورايتىش، ئاجىز، كىچىك كوپېراتىپلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، قوشۇۋېتىش، ئامرات، قىيىنچىلىقى بار كوپېراتىپلارغا ياردەم، مەدەت بېرىش، مەركىزىي كوپېراتىپ قۇرۇش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىپ، ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپلىرىنىڭ جايلىشىشى تەڭشىلىپ، مۇلازىمەت ئىقتىدارى كۈچەيتىلدى. 4) خادىملار زور كۈچ بىلەن قىسقارتىلىپ، ئۈنۈم ئاشۇرۇلدى. سىستېما بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر سانى يىل بېشىدىكىگە قارىغاندا 5881 كىشى ئازايتىلىپ، مائاش چىقىمىدىنلا 39 مىليون 930 مىڭ يۈەن ئاز چىقىم قىلىندى. 5) مەبلەغ قالدۇقى ئىدىتلىنىپ، جانلاندۇرۇلۇپ، مەبلەغ ئايلىنىش سۈپىتى ياخشىلاندى. سىستېما بويىچە باشقا كەسىپلەردىن 84 مىليون 400 مىڭ يۈەن پايدا ئېلىندى. ئامباردىكى تاۋارلارنىڭ قىممىتى يىل بېشىدىكى 11 مىليارد 800 مىليون يۈەندىن يىل ئاخىرىدا 5 مىليارد 790 مىليون يۈەنگە تۆۋەنلىدى. راسچوت مەبلىغىدىن ئىگىلىۋېلىنغان 2 مىليارد 675 مىليون يۈەن قىسقارتىلدى، بۇنىڭ بىلەن 50 مىليون 670 مىڭ يۈەن ئۆسۈم ئاز چىقىم قىلىندى. 6) باشقۇرۇش چىڭ تۇتۇلۇپ، تۈزۈملەر مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، نازارەتچىلىك كۈچەيتىلدى. 7) ئۆز يېرىنىڭ شارائىتىغا ئاساسەن، ئىقتىسادنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىلدى. بىر تۈركۈم ئۇن زاۋۇتى، ياغ زاۋۇتى، ياغاچ ماتېرىياللىرى زاۋۇتى، تۇز زاۋۇتى، كونا مال بازىرى قۇرۇلدى، ئالاھىدە باقمىچىلىق، كۆكتۈل ئېچىش، يېمەك - ئىچمەك قاتارلىق كەسىپلەر تەرەققىي قىلدۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلدى.

جاۋ ۋېي

## پاختا سېتىۋېلىش - سېتىش

ئاپتونوم رايوننىڭ پاختا مەھسۇلاتى 1999 - يىلى 1 مىليون 350 مىڭ تونىنغا يەتتى. 2000 - يىل 3 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگە قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە 1 مىليون 323 مىڭ 700 تونىنا (ئۇزۇن تالالىق پاختا 3282.7 تونىنا) پاختا سېتىۋېلىنىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 10.66% تۆۋەنلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايوندىكى يەرلىك ئورۇنلار سېتىۋالغىنى 689 مىڭ 300 تونىنا (ئۇزۇن تالالىق پاختا 3282.7 تونىنا) بولۇپ، 30.95% ئاز سېتىۋېلىندى. ئاپتونوم رايوندىكى يەرلىك ئورۇنلار سېتىۋالغان پاختىنىڭ ئوتتۇرىچە دەرىجىسى 3.13 - دەرىجىلىك بولۇپ، 0.38 دەرىجە ئاشتى؛ پاختىنىڭ ئوتتۇرىچە ئۇزۇنلۇقى 28.72 مىللىمېتىر بولۇپ، 0.1 مىللىمېتىر ئاشتى؛ ئوتتۇرىچە پاختا نىسبىتى 37.6% بولۇپ، 0.94 پىرسەنت پۈلۈنتى ئاشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئوخشاش مەزگىلدە سىرتقا سېتىلغان پاختا 940 مىڭ 600 تونىنا (بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت قىلىنغان پاختا 105 مىڭ 300 تونىنا) بولۇپ، 4.58 ھەسسە، ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى توقۇمىچىلىق فابرىكىلىرى ئىشلەتكەن پاختا 194 مىڭ 200 تونىنا بولۇپ، 1.17 ھەسسە ئاشتى.

ئاپتونوم رايوننىڭ 1999 - يىللىق پاختا سېتىۋېلىش خىزمىتىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرى تۆۋەندىكىچە: 1. كىلىماتنىڭ تەسىرىدە پاختىنىڭ مەھسۇلاتى كېمىيىپ كەتكەنلىكتىن، پاختا سېتىۋېلىش مەزگىلىمۇ 20 كۈن ئەتراپىدا كەينىگە سۈرۈلدى، نەتىجىدە ئاپتونوم رايون بويىچە سېتىۋېلىنغان پاختا ئازايدى. 2. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى پاختىچىلارغا قارىتىلغان سىياسەت، ۋەزىيەت تەشۋىقاتى ۋە سېتىۋېلىش خىزمىتىنى تەشكىللەش ۋە رەھبەرلىك قىلىشنى كۈچەيتىپ، سېتىۋېلىش خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. 3. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە پاختا ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھ قىلىنىپ، كۆپ يوللار بىلەن پاختا تىجارىتى قىلىش ۋەزىيىتى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. 4. ھەر قايسى سېتىۋېلىش ئورۇنلىرى سېتىۋېلىش - پىرىيوم قىلىشتا دۆلەتنىڭ پاختا سۈپىتىنى پىرىيوم قىلىش يېڭى ئۆلچىمىنى ئىجرا قىلىپ، پاختىنىڭ دەرىجىسىنى، باھاسىنى كېمەيتمەسلىك ۋە دەرىجىسىنى، باھاسىنى خالىغانچە ئۆستۈرمەسلىكنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇردى. 5. پاختا سېتىۋېلىش مەبلىغى ئۆز ۋاقتىدا نەقلەشتۈرۈلۈپ، دېھقانلارغا ئاق ھۆججەت بېرىلمىدى. 6. پاختا سۈپىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 2000 - يىل 3 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرى سېتىۋالغان 1-، 2-، 3 - دەرىجىلىك پاختىلار سېتىۋېلىنغان ئومۇمىي پاختىنىڭ 66.52%ىنى ئىگىلەپ، 1998 - يىلدىكىدىن 23.28 پىرسەنت پۈلۈنتى ئاشتى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مەملىكەت ئىچى - سىرتىدىكى خېرىدارلاردىن بىرسىمۇ پاختىنىڭ سۈپىتى مەسىلىسى توغرىسىدا ئىنكاس قىلمىدى. 7. پاختىنىڭ سېتىلىش سۈرئىتى 1998 - يىلدىكىدىن تېز بولدى. 8. 1999 - يىلنىڭ بېشىدا ئاپتونوم رايون شىنجاڭ پاختا - چىگە شىركىتىگە پاختا ئىمپورت - ئېكسپورت ھوقۇقى بېرىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ پاختا ئېكسپورتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى.

لیۇ جىن

## پاختىچىلىقتىكى يۈرۈشلەشكەن مۇلازىمەت

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر تەمىنات - سودا كوپېراتىپى سىستېمىسىدىكى ھەر دەرىجىلىك پاختا - چىگە شىركەتلىرى پاختىچىلىقتىكى يۈرۈشلەشكەن مۇلازىمەت خىزمىتىگە پائال قاتنىشىپ، پاختا ئىشلەپچىقىرىشىدىكى ھەرخىل تېخنىكىلىق تەربىيىلەش پائالىيەتلىرىنى تەشكىللىدى ۋە قاتناشتى، دېھقانچىلىق، يەن - تېخنىكا تارماقلىرىنىڭ ئەلا سورتلۇق پاختا يېتىشتۈرۈش، كېڭەيتىش ۋە تەمىنلەش قاتارلىق خىزمەتلىرىگە ماسلاشتى. پاختىچىلىقنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش پائالىيىتىدە جايلاردىكى پاختا - چىگە شىركەتلىرى پاختىچىلىقنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئۈلگە ئېتىزىدا سورتلۇق كېۋەز ئۇرۇقى ۋە ئىلغار كېۋەز تېرىش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىپ، ناھايىتى ياخشى ئۈلگە كۆرسىتىش ۋە تەسىر كۆرسىتىش رولىنى ئوينىدى. خېرىدارلار كۆپرەك ئىنكاس قىلغان پاختىنىڭ تەركىبىدە چاچ، قىلقاتلار بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە پاختا - چىگە سىستېمىسىدا 5 مىليون يۈەنگە يېقىن مەبلەغ سېلىنىپ، دېھقانلارغا تەننەرخ باھاسى بويىچە ياكى تېخىمۇ ئېتىبار باھا بويىچە پاختا قاچىلايدىغان ئاق قاپ، ئاق خالتا، ئاق بۆك قاتارلىقلار تەمىنلەپ بېرىلدى. شىنجاڭ پاختا - چىگە شىركىتى 500 پرىيومچى يېتىشتۈردى، ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىغا 310 دانە پرىيوم سايمىنى ئېلىپ بەردى. 10 نەچچە مىڭ پاختا ئەۋرىشكىسىنى تەكشۈردى.

لیۇ جىن

## دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بىلەن تەمىنلەش ۋە يۈرۈشلۈك مۇلازىمەت قىلىش

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر تەمىنات - سودا كوپېراتىپى دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى سىستېمىسى

دېھقانلارنى 907 مىڭ توننا خىمىيىۋى ئوغۇت بىلەن تەمىنلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئازادلۇق ئوغۇت 435 مىڭ توننا، فوسفورلۇق ئوغۇت 431 مىڭ توننا، كالىيلىق ئوغۇت 51 مىڭ توننا، 5175 توننا دېھقانچىلىق دورىسى، 27 مىڭ 900 توننا سۇلياۋ يوپۇق بىلەن تەمىنلەندى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانىلىرى ئاپتونوم رايوننىڭ خىمىيىۋى ئوغۇت تىجارىتى سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى تاۋارلىرىنىڭ ئومۇمىي سانىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش خىزمىتىنى تىرىشىپ ياخشى ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بازار ئۆزگىرىشى چىڭ ئىگىلىنىپ، ماركېتىڭ تاكتىكىسى ئۆز ۋاقتىدا تەڭشەلدى، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا تېخنىكا جەھەتتىن مۇلازىمەت قىلىش ۋە كۆپ خىل ئىگىلىك پائال قانات يايدۇرۇلدى، ئالاقىدار تارماقلارغا پائال ماسلىشىپ، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى، ئوبوروت تەرتىپى رەتكە سېلىنىپ قانۇنسىز تىجارەت قىلمىشلىرىغا تەكشۈرۈپ چارە كۆرۈلدى، شۇنىڭ بىلەن بازار نورمىسى تۇراقلاشتۇرۇلۇپ، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى سېتىمىنىڭ ئاساسىي يوللۇق ئورنى ۋە دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتى قوغدىلىپ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىندى.

1999 - يىلى ھەر دەرىجىلىك دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى تارماقلىرى تىجارەت شەكلىدىن مۇلازىمەت - تىجارەت شەكلىگە يۈزلىنىش ياسىدى. شىنجاڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى شىركىتى غۇلجا، كۈيتۇڭ، داخېيەن، كورلا، ئاقسۇ، مارالبېشى، كۇچا، قەشقەر، خوتەن، پوسكام قاتارلىق جايلاردا 11 دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىش مەركىزى قۇرۇپ، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بىلەن يېقىندىن تەمىنلىدى. دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ سۈپىتىنى باشقۇرۇش خىزمىتى كۈچەيتىلدى. «نوڭنوڭنوڭ» ماركىلىق مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان ئارىلاشما ئوغۇت ئاپتونوم رايون بويىچە داڭلىق مەھسۇلات ۋە جۇڭگوغا مەملىكەتلىك تەمىنات - سودا باش كوپېراتىپى بويىچە داڭلىق مەھسۇلات دېگەن نامغا ئېرىشتى. شىنجاڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى شىركىتى مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ خوتەن، مەكىت، يەكەن قاتارلىق ناھىيە (شەھەر) لەردە ھەر قايسى يېزا - بازارلار ئۈچۈن 45 كۈنلۈك قىسقا مۇددەتلىك تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى. نۇرغۇن ناھىيە، شەھەرلىك دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى شىركەتلىرىمۇ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا پەن - تېخنىكا جەھەتتىن مۇلازىمەت قىلىشنى قانات يايدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەرخىل دېھقانچىلىق تېخنىكىسى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسلىرىنى ئاچتى. ستاتىستىكىغا قارىغاندا، ئاپتونوم رايون بويىچە 150 مىڭ ئادەم (قېتىم) دېھقان تېخنىكا تايانچى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈلگەن، 180 مىڭ نۇسخا تەشۋىقات ماتېرىيالى بېسىپ تارقىتىلغان. زىرائەت دوختۇرخانىسى دېھقانلارنىڭ زىرائەتلىرىدىكى كېسەللىك،

ئاپتونوم رايوندىكى تەمىنات - سودا كوپېراتىپ سېستېمىسىنىڭ 1999 - يىللىق ئاساسلىق ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلىرى

سومما بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| تۈرلەر | سېتىما بويىچە | | | | | | | | | بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپىنىڭ |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | پاختا. جىگە | يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى | چاي . چارۋا | سانائەت بۇيۇملىرى | يەرلىك مەھسۇلات مېۋە . چېۋە | كىيىم.كېچەك، كونا بۇيۇملار | يەرلىك، چېگرا سودىسى | باشقىلار | |
| 1. تاۋار سېتىش كىرىمىنىڭ ساپ سوممىسى | 1648254 | 1075625 | 399083 | 7366 | 13626 | 5728 | 6578 | 1134 | 139116 | 136795 |
| 2. تاۋارلارنىڭ سېتىلىش تەننەرخى | 1657732 | 1135384 | 363324 | 6850 | ·12165 | 5136 | 6047 | 936 | 127890 | 130848 |
| 3. خىراجەت ئومۇمىي سوممىسى | 242077 | 174906 | 37488 | 4099 | 3229 | 2744 | 1353 | 324 | 17934 | 9169 |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 4. تىجارەت پايدىسى | .107099 | .127310 | 15856 | .132 | 584 | .212 | 34 | .23 | 4104 | 3843 |
| 5. ساپ پايدا | 238272 | .228888 | .1470 | .3536 | .976 | .755 | 278 | .73 | .2852 | .1004 |
| 6. تاپشۇرۇلغان قوشۇلما قىممەت بېجى | 22254 | 19305 | 48 | 57 | 217 | 104 | 209 | 1 | 2313 | 123 |
| 7. جەمئىي ئورۇن | 1033 | 81 | 186 | 62 | 79 | 63 | 21 | 9 | 532 | 506 |
| 8. زىيان تارتقان ئورۇن | 443 | 57 | 61 | 41 | 39 | 37 | 7 | 6 | 195 | 177 |
| 9. زىيان تارتقان ئورۇنلارنىڭ زىيان سوممىسى | 241189 | 229559 | 2519 | 3554 | 1157 | 818 | 122 | 77 | 3383 | 1518 |
| 10. خىزمەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچى | 48024 | 21536 | 6072 | 1743 | 2550 | 2440 | 811 | 120 | 12752 | 9701 |

ژاڭ جيەنيڭ

ماشارات، ئوتلارنىڭ زىيىنىغا دىئاگنوز قويۇپ، دورا تەكشەپ بېرىپ ھەم زىرائەت دوختۇرلىرىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ دىئاگنوز قويۇشقا ئەۋەتىپ، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتىكى قىيىن مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ بەردى. 1999 - يىلى شىنجاڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى شىركىتى 80 مىڭ گېكتار يەردىكى تۇپراقنى ئۆلچەپ، تەكشەپ ئوغۇت بېرىش خىزمىتىنى تاماملىدى.

ليۇ جىن

## ئاساسىي قۇرۇلۇش

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر تەمىنات - سودا كوپېراتىپى سىستېمىسىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 206 مىڭ 991 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە مەركەز (باش كوپېراتىپ) نىڭ تۈرى 14 مىڭ كۋادرات مېتىر، ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك يەرلىك ئورۇنلارنىڭ تۈرى 192 مىڭ 991 كۋادرات مېتىر (ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپلىرىنىڭ 9304 كۋادرات مېتىر) بولۇپ، 521 مىليون 430 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلاندى. بۇنىڭ ئىچىدە مەركەز (باش كوپېراتىپ) نىڭ تۈرلىرىگە سېلىنىدىغىنى 49 مىليون 540 مىڭ يۈەن، يەرلىكنىڭ تۈرلىرىگە سېلىنىدىغىنى 471 مىليون 890 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئەمەلىي سېلىنغان مەبلەغ 354 مىليون 420 مىڭ يۈەن. بۇنىڭ ئىچىدە مەركەز (باش كوپېراتىپ) نىڭ تۈرلىرىگە سېلىنغىنى 49 مىليون 540 مىڭ يۈەن، يەرلىكنىڭ تۈرلىرىگە سېلىنغىنى 304 مىليون 880 مىڭ يۈەن (ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپلىرىنىڭ 7 مىليون 860 مىڭ يۈەن). مەبلەغ سېلىش پىلانىنىڭ %77. 73ى ئورۇندالدى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتنىڭ خام چوت پىلانىغا كىرگۈزۈلۈپ، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا ئاجرىتىلغان پۇل %44. 4نى، ئۆزى تەييارلىغان مەبلەغ %86. 81نى، بانكىدىن ئېلىنغان قەرز %02. 13نى، باشقا مەبلەغلەر سېلىنغان مەبلەغنىڭ %68. 0نى ئىگىلىدى. ئاقسۇ، مارالبېشى پاختا زاپاس ساقلاش ئۆتەڭ ئامبىرى ۋە شىنجاڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى توپ سېتىش بازىرى، پوسكام، كۇچا، ئاقسۇ، مارالبېشى خىمىيىۋى ئوغۇتنى زاپاس ساقلاش ئۆتەڭ ئامبارلىرى ھەمدە ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست (شەھەر) لاردىكى پاختا زاۋۇتى قاتارلىق 32 ئورۇندىكى مۇئەسسەسە ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، 145 مىڭ 176 كۋادرات مېتىر ئىشلەپچىقىرىش سىغ ئۆيى كۆپەيدى.

چەي جۇڭجېڭ

## ئاساسىي قاتلام تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرى ھەمكارلىق تۈزۈمى ۋە تۈرگە ئايرىپ يېتەكلەش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىشنى ئاساسىي قاتلام تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ زىياننى تۈگىتىپ، پايدىنى ئاشۇرۇش، مۇلازىمەتنى كۈچەيتىش، دېھقانچىلىقنى كەسپلەشتۈرۈشكە قاتنىشىش ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن

باشلاپ، بۇ كوپېراتىپلارنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلمىسىنى راۋانلاشتۇردى ۋە تىجارەت مېخانىزمىنى ئۆزگەرتتى. كوپېراتىپنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ھەمكارلىق تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا كوپېراتىپقا قاراشلىق بارلىق كارخانا، ماگىزىنلار كۆپ خىل شەكىلدە ئۆزگەرتىلدى. ئىقتىسادىي ئاساسى ۋە ئۈنۈمى ياخشى بولغان ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپلىرىغا مالىيە كۈچى، ماددىي كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ياردەم بېرىش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، «ئۈچ خىل دېھقانچىلىق»قا مۇلازىمەت قىلىش ۋەزىپىسى تېخىمۇ ياخشى ئۈستىگە ئېلىندى. رىقابەتتە ئەۋزەللىكى ۋە مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى يوقاتقان ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، قوشۇۋېتىلدى. مەبلىغى قەرزگە چىقىش قىلمايدىغان، زىيانىنى تۈگىتىشتىن ئۈمىد قالمىغان ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپلىرىنىڭ ۋەيران بولغانلىقى جاكارلاندى ۋە تارقىتىۋېتىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئاساسىي قاتلام سودا كوپېراتىپلىرى تەڭشەش ئارقىلىق يىل بېشىدىكى 540 تىن 512 گە ئازايدى، نوپۇسى ئازراق بولغان 4 ناھىيىنىڭ ھەر بىرىدە بىردىن كوپېراتىپ بولۇش شتاتى يولغا قويۇلدى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر قايسى ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇش ئارقىلىق ناھىيىدىكى ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىنىڭ زەنجىرسىمان سېتىش تىجارىتىنى تەرەققىي قىلدۇردى، تۇپراقنى ئۆلچەپ، تەڭشەپ ئوغۇتلاش، كېسەللىك، ھاشارات، ئوت - چۆپلەرنىڭ زىيانداشلىق ئەھۋالىنى ئۆلچەپ، مەلۇم قىلىپ، ئالدىنى ئېلىش قاتارلىق مۇلازىمەت پائالىيەتلىرىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇردى، تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش بازىلىرى پائال يېتىشتۈرۈلۈپ، دېھقانلارنى ئىشلەپچىقىرىش - سېتىش ئۇچۇرى، ئېسىل سورتلارنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش، يېڭى سورت يېتىشتۈرۈش ۋە ئەمەلىي تېخنىكىلار بىلەن تەمىنلەپ، دېھقانلارنى ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىش، ئىلمىي ئۇسۇلدا باقمىچىلىق قىلىشقا يېتەكلەپ، جايلارنىڭ دېھقانچىلىقنى كەسپلەشتۈرۈش تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

1999 - يىلى ھەر قايسى ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپلار بىكار ۋە يېرىم بىكار تۇرغان مال - مۈلۈكلەرنى قوشۇۋېتىش، ئۆتنۈنۈپ بېرىش، ئىجارىگە بېرىش، كىمشارتۇق قىلىپ سېتىش قاتارلىق چارىلەر ئارقىلىق مەبلەغنى ئوبوروت قىلىش ۋە قايتا تەشكىللەشنى ئىشقا ئاشۇردى، ئۆتشاق تاۋارلار، كونا ماللار، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئالماشتۇرىدىغان بىر تۈركۈم بازارلارنى قۇرۇپ كوپېراتىپ مەبلىغىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىپ، ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپلىرىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى زورايتىپ، يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇردى.

ليۇ فېڭ، سۈن شىنجېڭ

### كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرى دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ رايونلىشىش، كەسپلىشىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىش يۈزلىنىشىگە ماسلىشىش ئۈچۈن ئۆز يېرىنىڭ بايلىق ئەۋزەللىكىگە ئاساسەن بازارنى يېتەكچى، ئاساسىي قاتلام تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرىنى تايانچ قىلىپ، پاختا، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى، ئۆسۈملۈك ئاسراش، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى، ئۈزۈم، ئالقات، ئانار، ساماق، تاۋۇز گازىرى قاتارلىق ھەر خىل كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىدىن 45نى قۇردى، 1500 نەچچە ئائىلە كوپېراتىپقا كىردى، كوپېراتىپقا كىرگەن ئائىلىلەر قوشقان پاي 1 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ليۇ فېڭ، سۈن شىنجېڭ

## ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش - سېتىش

### ئاشلىق خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق سىستېمىسىدىكى ھەر خىل ئورۇن 1567، ئادىمى 42 مىڭ 974. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى ئورۇن 1542، ئادىمى 41 مىڭ 237. تارماقلار بويىچە ئايرىغاندا، مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى 117، ئادىمى 2040؛ كەسپىي ئاپپارات 106، ئادىمى 1108؛ تىجارەت ئاپپاراتى 1319، ئادىمى 38 مىڭ 89. بۇنىڭ ئىچىدە توپ سېتىش كارخانىسى 71، ئادىمى 889؛ پارچە سېتىش كارخانىسى 490، ئادىمى 6637؛ يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمەت كارخانىسى 47، ئادىمى 1019؛ ساقلاش - توشۇش كارخانىسى 220، ئادىمى 10 مىڭ 352؛ يېزىلاردىكى سېتىۋېلىش پونكىتى (ئامبىرى) 265، ئادىمى 3975؛ ئاشلىق - ياغ پىششىقلاش كارخانىسى 118، ئادىمى 11 مىڭ 527.

1999 - ئاشلىق يىلى (1999 - يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 2000 - يىل 3 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە) دا ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق مەھسۇلاتى 8 مىليارد 350 مىليون كىلوگرامغا يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 0.6% ئاشتى. دۆلەت سېتىۋالغان ئاشلىق 1 مىليارد 630 مىليون كىلوگرام

بولۇپ، پىلاننىڭ %95.9نى ئىگىلەپ، 1998 - يىلدىكىدىن 76 مىليون 220 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق ئاز سېتىۋېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى شەھىرى، سانجى ئوبلاستى دۆلەتنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىش پىلانىنى ئاشۇرۇپ ئورۇندىدى.

1999 - ئاشلىق يىلىدا ئاپتونوم رايون تورمۇشقا كىرەكلىك باغ (ياغلىق دان چېكىت يافقا سۇندۇرۇلغان) دىن 58 مىليون 420 مىڭ كىلوگرام سېتىۋېلىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 35 مىليون 230 مىڭ كىلوگرام ئاز سېتىۋالدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە 1 مىليارد كىلوگرام ئاشلىق (ئاپتونوم رايون ئىچى - سىرتىدا سېتىلغىنىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) سېتىلىپ، 1998 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون ئىچىدە سېتىلغان ئاشلىق 737 مىليون كىلوگرام بولۇپ، پىلاننىڭ %49.1نى ئىگىلەپ، 220 مىليون كىلوگرام ئازايدى. ئۈرۈمچى، قاراماي ۋە تۇرپاندىن ئىبارەت 3 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنىڭ شۇ يىللىق ئاشلىق سېتىش مىقدارى شۇ يىللىق سېتىۋېلىش مىقدارىدىن كۆپ بولدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 50 مىليون 680 مىڭ كىلوگرام سۇ يېغى سېتىلىپ، 19 مىليون 60 مىڭ كىلوگرام ئاز سېتىلدى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش كارخانىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىدە ياخشىلىنىش بولدى، 147 مىليون يۈەن زىيان كۆرۈلۈپ، 645 مىليون يۈەنلىك زىيان ئازايتىلدى. سانجى ئوبلاستىدىكى ناھىيە (شەھەر) دەرىجىلىك 10 سېتىۋېلىش - سېتىش كارخانىسى ئىچىدە 9ى پايدا ئالدى، ئالغان پايدىسى 6 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە يەتتى. موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش كارخانىلىرى 1 مىليون 615 مىڭ يۈەن پايدا ياراتتى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق سىستېمىسىدا ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈلدى. 1. ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى خىزمىتىنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئېچىلدى، يىغىندا 1998 - يىلدىكى ئاشلىق ئىسلاھاتى خىزمىتىنىڭ تەجرىبىلىرى خۇلاسىلىنىپ ۋە ئالماشتۇرۇلۇپ، ئاشلىق ئىسلاھاتىدىكى بىر تۈركۈم تىپلار تۇرغۇزۇلدى. 2. ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى بويىچە قانۇن ئىجرا قىلىش ئۈستىدىن تەپتىش قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا پائال ماسلىشىلدى. 3. ئاشلىق كارخانىلىرىنى ئىسلاھ قىلىش، تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىش خىزمىتى چىڭ تۇتۇلدى. 2000 - يىل 4 - ئايغا قەدەر تىجارەت خاراكتېرىدىكى 488 كارخانا ئىسلاھ قىلىندى، ۋەيران بولغانلىقى جاكارلاندى ۋە قوشۇۋېتىلدى، بۇ ئىسلاھ قىلىشتىن ئىلگىرىكى كارخانىلارنىڭ %46.2نى ئىگىلىدى. 4. دېھقانلارنىڭ بۇغدىيى قوغداش باھاسى بويىچە كەڭ كۆلەمدە سېتىۋېلىندى. 5. ئاشلىقنى كۆپ سېتىش سالمىقى ئاشۇرۇلدى. 6. ئاشلىقنى ساقلاش خىزمىتى كۈچەيتىلدى. 7. مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تەلىپىگە بىنائەن مەركەزنىڭ زاپاس ئاشلىقىنى باشقۇرۇش ۋە ستاتىستىكا كەسپىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش خىزمىتى پائال ياخشى ئىشلەندى.

ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق خىزمىتىدە ساقلىنىۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەر مۇنۇلار: بەزى جايلاردا ئاشلىق خىزمىتىگە يەرلىك ھۆكۈمەتلەر قاتلامىمۇ قاتلام مەسئۇل بولۇش مەمۇرىي باشلىقلار مەسئۇلىيەت تۈزۈمى تېخى تولۇق ئەمەلىيلەشمىگەن. ئاشلىق باھاسىنى شەكىللەندۈرۈش مېخانىزمىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ؛ ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىنغان گۈرۈچ ئېغىر ھالدا بېسىلىپ قالغان؛ ئاشلىقنى مۇۋاپىق ئوبوروت قىلىشتىكى ئامبار قالدۇقىنىڭ كوئېففىتسېنتى بەك يۇقىرى بولۇپ، بۇ، سېتىۋېلىش - سېتىش كارخانىلىرىنىڭ يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتكەن؛ ئاشلىقنىڭ ئامبار قالدۇقى كۆپلەپ بېسىلىپ قېلىپ، ئامبار ئېغىر دەرىجىدە يېتىشمىگەن؛ ئاز ساندىكى ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش كارخانىلىرى دېھقانلارنىڭ ئېشىنچە ئاشلىقىنى كەڭ كۆلەمدە سېتىۋالمىغان؛ ئاشلىق بازارلىرىنى باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئاشلىق تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بەزى كارخانىلارنىڭ تارىختىن قالغان يۈكى ئېغىر، تىجارىتى قىيىن بولغان. بەزى ناھىيىلەر مالىيە قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن ئاشلىق كارخانىلىرىدىكى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئۆز يېرىنىڭ قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش پىلانىغا كىرگۈزمىگەن.

لى شياۋ

## ئاشلىق سېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش

ئاپتونوم رايون 1999 - يىل 6 - ئايدىن باشلاپ «كونا ئاشلىقنى يېڭى باھادا سېتىش، بىر تەرەپتىن كىرگۈزۈپ، بىر تەرەپتىن چىقىرىش» سىياسىتىنى يولغا قويۇش بىلەن بىرگە، سېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، قوشۇمچە ياردەم بېرىش، ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، شىنجاڭدىن چىقىرىلغان بۇغدايىنىڭ ھەر توننا / كىلومېتىرىغا 0.15 يۈەندىن تاشيول توشۇش ھەققى قوشۇمچە ياردىمى بېرىش، 0.25 يۈەن تۆمۈريول توشۇش ھەققى قوشۇمچە ياردىمى بېرىش بەلگىلەندى؛ ئامباردىكى كونا كۆممىقوناقتا رايون - ئىچى سىرتى دەپ ئايرىماي قوشۇمچە ياردەم پۇلى بېرىلىدىغان بولدى: ئۈرۈمچى،

شىخەنزە، سانجى، تۇرپان، قۇمۇل ۋە تارباغاتاينىڭ شىخو، ساۋەن ناھىيىلىرىدە ھەربىر كىلوگرام كۆممىقوناقىقا 0.20 يۈەن، ئىلى، بورتالا، ئالتاي، بايىنغولىن ۋە تارباغاتاينىڭ باشقا ناھىيە - شەھەرلىرىدە 0.25 يۈەن، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن، قىزىلسۇلاردا 0.30 يۈەن قوشۇمچە ياردەم پۇلى بېرىلدى. ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق ئىدارىلىرى ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ئىدارە رەھبىرى باشلامچى بولغان ئاشلىق سېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، سىرتقا چىقىش، تەكلىپ قىلىپ كېلىش قاتارلىق كۆپ خىل سېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، ئاشلىق سېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش سالمىقىنى زورايتتى. ش ئۇ ئا ر ئاشلىقنى سىرتقا سېتىش - توشۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى مەخسۇس قۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىقنى سىرتقا توشۇشقا كېرەكلىك ۋاگونىنى پىلانلاشقا مەسئۇل بولدى. 2000 - يىل 4 - ئايغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە سېتىلغان ئاشلىق 270 مىليون كىلوگرام بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي 65 مىليون كىلوگرام، كۆممىقوناق 205 مىليون كىلوگرام. ئاشلىقنىڭ كۆپ قىسمى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە سېتىلدى، ئاز بىر قىسمى ئېكسپورت قىلىندى.

چېن گاڭ

## ئاشلىقنى كەڭ كۆلەمدە سېتىۋېلىش

1999 - ئاشلىق يىلىدا ئاپتونوم رايون بويىچە 917 مىليون كىلوگرام ئاشلىق ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىنىپ، پىلان %84.6 ئورۇندالدى، بۇنىڭ ئىچىدە ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىنغان بۇغداي 870 مىليون كىلوگرام بولۇپ، پىلان %84.7 ئورۇندالدى. سانجى، ئاقسۇ، قاراماي قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر بۇغداينى ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى باشلامچىلىق بىلەن ئورۇندىدى. سېتىۋېلىشتا جايلاردىكى ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش كارخانىلىرى يىلبويى، دائىم تاختاي چىقىرىپ باھانى ئاشكارىلاپ قوغداش باھاسى بويىچە كەڭ كۆلەمدە سېتىۋالدى، سېتىۋېلىشقا چەك قويىدىغان، سېتىۋېلىشنى رەت قىلىدىغان، سېتىۋېلىشنى توختىتىدىغان قىلمىشلارنى ئاساسىي جەھەتتىن سادىر قىلمىدى، باھانە - سەۋەب كۆرسىتىپ دەرىجىنى، باھانى تۆۋەنلىتىپ سېتىۋېلىش ياكى شەكلى ئۆزگەرگەن باھانى تۆۋەنلىتىپ سېتىۋېلىش ئىشلىرىمۇ كۆرۈلمىدى. ئالاقىدار تارماقلارنى ۋاقتىدا ماسلاشتۇرۇش ئارقىلىق خىزمەت گۇرۇپپىسى ئاجرىتىلىپ، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى بەزى ناھىيىلەرنىڭ سېتىۋېلىش - سېتىش كارخانىلىرىنىڭ دېھقانچىلىق بېجىدىن باشقا باجلارنى ۋاكالىتەن تۇتۇش مەسىلىسى تۈزىتىلدى، 3 خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىلىپ گۇچۇڭ قاتارلىق ناھىيىلەردە ئالاقىدار مەسىلىلەر تەكشۈرۈلدى. جايلاردىكى سېتىۋېلىش - سېتىش كارخانىلىرى مۇلازىمەت پوزىتسىيىسىنى ياخشىلاپ، مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ھەرخىل ئۇنۇملۇك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، دېھقانلارنىڭ ئاشلىق سېتىشىغا قولايلىق يارىتىپ بەردى.

ئېلشات

## ئاشلىقنى ساقلاش

1999 - ئاشلىق يىلىدا ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق سىستېمىسىدا ئاشلىقنى بىخەتەر ساقلاش سالمىقى يەنىمۇ زورايتىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق ساھەسىدىكى 2400 نەچچە ئىشچى - خىزمەتچى ئاشلىق ئامبارلىرىنى «بىرگە ئۆيغۇن، تۆتتىن خالىي بولۇش» بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش پائالىيىتىگە قاتناشتى، بۇ پائالىيەتتە تەكشۈرۈلگەن ئامبار 687 بولۇپ، ئامبار ئومۇمىي سانىنىڭ %94نى، تەكشۈرۈلگەن ئاشلىق 4 مىليارد 940 مىليون كىلوگرام بولۇپ، ئومۇمىي ئاشلىقنىڭ %96نى ئىگىلىدى؛ «بىرگە ئۆيغۇن، تۆتتىن خالىي بولۇش» ئىشقا ئاشۇرۇلغان ئامبار - نۇقتا 500 بولۇپ، %68نى، ئاشلىق 3 مىليارد 950 مىليون كىلوگرام بولۇپ، %79نى ئىگىلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە تۆۋەن تېمپېراتۇرا، قوش تەگلىك، ماشىنا ئارقىلىق شامال ئۆتكۈزۈش ۋە ئاغزىنى يېپىش قاتارلىق تېخنىكىلىق ئاشلىق ساقلاش تەلىپىگە يەتكەن ئورۇنلارنىڭ نىسبىتى %46كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتنىڭ ئاشلىقنى زاپاس ساقلاش ئامبارلىرى %80نى ئىگىلەيدۇ. دۆلەتنىڭ ئاشلىقنى زاپاس ساقلاش ئامبىرىدىن 26 سىدە ۋە ئاساسىي قاتلامدىكى 57 ئامبار - پونكىتتا ئاشلىقنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ كومپيۇتېردا تەكشۈرۈپ - ئۆلچەش يولغا قويۇلدى. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق ساقلاش خادىمىدىن 754 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت 342 ئادەم (قېتىم)؛ 44 كىشى ئاشلىقنى زاپاس ساقلاش كەسپى مەلۇمات جەدۋىلى كومپيۇتېر يۇمشاق دېتالى بويىچە تەربىيىلەندى؛ سۈپەت تەكشۈرۈش تېخنىكا خادىملىرىنى تەربىيىلەش بويىچە 4 قارار كۇرس ئېچىلىپ، 190 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى. شۇنىڭ بىلەن يىرگە ئىلى، قۇمۇل، ئاقسۇ، بورتالا، بايىنغولىن، شىخەنزىدىن ئىبارەت 6 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنىڭ تورۇپ قالغان، سۈپىتى ئۆزگىرىپ كۆكىرىپ كەتكەن ئاشلىقلىرىنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەش خىزمىتى تاماملىنىپ، تورۇپ قالغان، سۈپىتى ئۆزگىرىپ كۆكىرىپ كەتكەن ئاشلىق 190 مىليون كىلوگرام قىلىپ بېكىتىلدى.

1999 ـ ئاشلىق يىلىدا 550 مىليون كىلوگرام ئاشلىق سېتىۋېلىپ، زاپاس ئاشلىق ئامبىرىنىڭ قۇرۇلۇشى تولۇق پۈتتى ھەم يېڭى ئاشلىقنى ئامبارغا كىرگۈزۈش ۋەزىپىسى ئاماملاندى.

لىۋ تاڭشىن

## ئاشلىق ـ ياغ سانائىتى

1999 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايوندىكى 140 دۆلەت ئاشلىق ـ ياغ كارخانىسىنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 10 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن 14.6% ئاشتى. 515 مىڭ تونna ئاشلىق، 117 مىڭ تونna سۇ يېغى تارتىلدى. شۇ يىلى 5800 توننا ئاشلىق ـ ياغ يېمەكلىكى، 130 مىڭ توننا ھەرخىل يەم ـ بوغۇز ئىشلەپچىقىرىلدى، مەھسۇلاتلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش ـ سېتىلىش نىسبىتى 96% تىن ئاشتى. 9 تېخنىكا يېڭىلاش تۈرىگە 27 مىليون 850 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق تارماقلىرى باشقۇرغان سانائەت كارخانىلىرىدىن 60ى پايدا ئالدى، پايدا 27 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇ كارخانىلار ئاساسەن يەم ـ بوغۇز ۋە سۇ يېغى تارتىش كارخانىسى بولۇپ، ئىلى، سانجى، بورتالا ئوبلاستلىرىغا مەركەزلەشكەن. زىيان تارتقان كارخانا 79 بولۇپ، زىيان سوممىسى 69 مىليون 30 مىڭ يۈەن.

چېن ۋېنچى

# تاشقى ئىقتىساد ـ سودا

## تاشقى ئىقتىساد ـ سودا

1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ئىمپورت ـ ئېكسپورت سوممىسى 1 مىليارد 765 مىليون دوللارغا يېتىپ، 1998 ـ يىلدىكى 1 مىليارد 525 مىليون دوللاردىن (مەزكۇر يىلنامىنىڭ 1998 ـ يىلدىكى كەسپىي ستاتىستىكا سانىغا ئاساسەن تاموژنا ستاتىستىكا سانى بىردەك تەڭشەلدى، كېيىنكى ماقالىلەردە تاموژنا ستاتىستىكا سانى دەپ ئىزاھلىنىدۇ) 15.74% ئاشتى. ئېكسپورت سوممىسى 1 مىليارد 27 مىليون 430 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 1998 ـ يىلدىكى 747 مىليون 710 مىڭ دوللار (تاموژنا ستاتىستىكا سانى) دىن 37.41% ئېشىپ، ئاپتونوم رايون ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ 7.28% ىنى، مەملىكەت بويىچە ئېكسپورت سوممىسىنىڭ 0.53% ىنى ئىگىلىدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە 1999 ـ يىلى ئېكسپورت سوممىسى 20 مىليون دوللاردىن ئاشقان تاۋارلار

| سومما تۈرى | تاۋار نامى | ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن دوللار) | ئېكسپورت سوممىسىدا ئىگىلىگىنى (%) |
|---|---|---|---|
| 100 مىليون دوللاردىن ئاشقىنى (4 خىل) | پاختا، كىيىم ـ كېچەك، چامدان ـ سومكا ۋە ئاياغ كىيىم، باش كىيىم، كۆندىلىك مىلىچال | 64186 | 62.47 |
| 30 مىليون دوللاردىن 50 مىليون دوللارغىچە بولغىنى (4 خىل) | پەمدۇر قىيامى، خىمىيۋى تالالىق رەخت، پاختا يىپ، سىرلانغان ياغاچ ئۆي جاھازلىرى | 16487 | 16.05 |
| 20 مىليون دوللاردىن 30 مىليون دوللارغىچە بولغىنى (2 خىل) | پاختا رەخت، خىمىيە سانائەت ماتېرىياللىرى | 4790 | 4.66 |
| جەمئىي | 10 خىل | 85463 | 83.18 |

ئاپتونوم رايون بويىچە 1999 ـ يىلى ئىمپورت سوممىسى 10 مىليون دوللاردىن ئاشقان تاۋارلار

| سومما تۈرى | تاۋار نامى | ئىمپورت سوممىسى (تۈمەن دوللار) | ئىمپورت سوممىسىدا ئىگىلىگىنى (%) |
|---|---|---|---|
| 50 مىليون دوللاردىن ئاشقىنى (3 خىل) | نېپىز پولات تاختا، خىمىيىۋى ئوغۇت، مىس ماتېرىياللار | 22225 | 30.12 |
| 20 مىليوندىن 50 مىليون دوللارغىچە بولغىنى (4 خىل) | مىس، كېرەكسىز پولات، ئاليۇمىن، ئاليۇمىن ماتېرىياللىرى | 17562 | 23.80 |
| 10 مىليون دوللاردىن 20 مىليون دوللارغىچە بولغىنى (12 خىل) | كالا تېرىسى، تۆمۈر، كومىلاچ رۇدا، رەڭلىك مېتال، خىمىيە سانائىتى خام ئەشياسى، سۇلياۋ خام ئەشياسى، ماتېرىيال ئۈسكۈنىلىرى، تراكتور، نېفىت ماشىنىلىرى، ئاشلىق ـ ياغ يېمەكلىكلىرى، يۇرۇشلەشكەن ئۈسكۈنە، تېلېگراف خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنىسى ۋە سايمانلىرى | 16174 | 21.92 |
| جەمئىي | 19 خىل | 55961 | 75.84 |

ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى مۇنداق بولدى: دەسلەپكى مەھسۇلاتلارنىڭ ئېكسپورت سوممىسى 230 مىليون 420 مىڭ دوللارغا يېتىپ، ئېكسپورت سوممىسىنىڭ %43.22نى ئىگىلىدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئېكسپورت سوممىسى 797 مىليون 10 مىڭ دوللارغا يېتىپ، %57.77نى ئىگىلىدى.

ئېكسپورت تاۋارلىرى 98 دۆلەت ۋە رايونغا سېتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە قازاقىستانغا چىقىرىلغان تاۋارلارنىڭ قىممىتى 463 مىليون 590 مىڭ دوللار بولۇپ، ئېكسپورت سوممىسىنىڭ %12.45نى؛ شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونغا چىقىرىلغان تاۋارلارنىڭ قىممىتى 101 مىليون 550 مىڭ دوللار بولۇپ، %88.9نى، قىرغىزىستانغا چىقىرىلغان تاۋارلارنىڭ قىممىتى 99 مىليون 890 مىڭ دوللار بولۇپ، %72.9نى، كورېيىگە چىقىرىلغان تاۋارلارنىڭ قىممىتى 66 مىليون 340 مىڭ دوللار بولۇپ، %46.6نى، ئامېرىكىغا چىقىرىلغان تاۋارلارنىڭ قىممىتى 48 مىليون 410 مىڭ دوللار بولۇپ، %71.4نى؛ ھىندونېزىيىگە چىقىرىلغان تاۋارلارنىڭ قىممىتى 37 مىليون 300 مىڭ دوللار بولۇپ، %63.3نى، ياپونىيىگە چىقىرىلغان تاۋارلارنىڭ قىممىتى 34 مىليون 240 مىڭ دوللار بولۇپ، %33.3نى، روسىيىگە چىقىرىلغان تاۋارلارنىڭ قىممىتى 29 مىليون 100 مىڭ دوللار بولۇپ، %83.2نى ئىگىلىدى.

ئىمپورت سوممىسى 737 مىليون 910 مىڭ دوللار بولۇپ، 1998 ـ يىلدىكى 777 مىليون 320 مىڭ دوللار (تاموژنا ستاتىستىكا سانى) دىن %5.07 كېمەيدى.

ئىمپورت تاۋارلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى مۇنداق بولدى: دەسلەپكى مەھسۇلاتلارنىڭ ئىمپورت سوممىسى 286 مىليون 330 مىڭ دوللار بولۇپ، ئىمپورت سوممىسىنىڭ %80.38نى، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىمپورت سوممىسى 451 مىليون 580 مىڭ دوللار بولۇپ، %20.61نى ئىگىلىدى.

ئىمپورت تاۋارلىرى 47 دۆلەت ۋە رايوندىن كىرگۈزۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە قازاقىستاندىن كىرگۈزۈلگەن تاۋارلارنىڭ قىممىتى 462 مىليون 740 مىڭ دوللار بولۇپ، ئىمپورت سوممىسىنىڭ %71.62نى، روسىيىدىن كىرگۈزۈلگەن تاۋارلارنىڭ قىممىتى 60 مىليون 280 مىڭ دوللار بولۇپ، %17.8نى؛ ئامېرىكىدىن كىرگۈزۈلگەن تاۋارلارنىڭ قىممىتى 49 مىليون 700 مىڭ دوللار بولۇپ، %74.6نى؛ گېرمانىيىدىن كىرگۈزۈلگەن تاۋارلارنىڭ قىممىتى 37 مىليون 830 مىڭ دوللار بولۇپ، %13.5نى؛ قىرغىزىستاندىن كىرگۈزۈلگەن تاۋارلارنىڭ قىممىتى 31 مىليون 970 مىڭ دوللار بولۇپ، %33.4نى؛ ئىتالىيىدىن كىرگۈزۈلگەن تاۋارلارنىڭ قىممىتى 28 مىليون 840 مىڭ دوللار بولۇپ، %91.3نى ئىگىلىدى.

گۈەن چۈن

## 99' ئۈرۈمچى تاشقى ئىقتىساد ـ سودا يەرمەنكىسى

بۇ يەرمەنكە 1999 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 8 ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. يەرمەنكىگە 40 نەچچە دۆلەت ۋە رايوندىن ھەم مەملىكەت ئىچىدىكى 28 ئۆلكە،

رايون، شەھەردىن كەلگەن 13 سىگەدىن ئارتۇق جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك سودىگەر ھەم ھۆكۈمەت ئەمەلدارى قاتناشتى. ئىمزا قويۇلغان تاشقى ئىقتىساد سودا توختامىدىكى سومما 1 مىليارد 212 مىليون دوللار، بۇنىڭ ئىچىدە تاشقى سودا ئېكسپورتىدا پۈتۈشۈلگەن سومما 468 مىليون دوللار، ئىمپورت بويىچە زاكاز قىلىنغان مالنىڭ قىممىتى 428 مىليون دوللار، تاشقى ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرى بويىچە پۈتۈشۈش سوممىسى 316 مىليون دوللار. ئىچكى سودا ۋە ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرى بويىچە پۈتۈشۈش سوممىسى 13 مىليون 502 مىڭ يۈەن خەلق پۇلىغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىچكى سودىدا پۈتۈشۈش سوممىسى 9 مىليارد 502 مىليون يۈەن خەلق پۇلى، ئىچكى ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرى بويىچە پۈتۈشۈش سوممىسى 4 مىليارد خەلق پۇلى بولدى.

گۆەن چۈن

## چېگرا سودىسى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ چېگرا سودىسىدا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 1 مىليارد 23 مىليون 50 مىڭ دوللارغا يېتىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسىنىڭ %57.95نى ئىگىلەپ، 1998 - يىلدىكى 620 مىليون 910 مىڭ دوللار (تاموژنا ستاتىستىكا سانى) دىن %64.77 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 573 مىليون 290 مىڭ دوللار بولۇپ، 1998 - يىلدىكى 329 مىليون 170 مىڭ دوللار (تاموژنا ستاتىستىكا سانى) دىن %74.16 ئاشتى. ئېكسپورت قىلىنغان ئاساسلىق تاۋارلاردىن كىيىم - كېچەك، ئاياغ كىيىم، باش كىيىم، چامدان - سومكا، كۆندىلىك بۇيۇملار، پاختا يىپ، خىمىيە سانائىتى خام ئەشياسى، تۈرلۈك ماشىنىلار، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى، ئاشلىق - ياغ، پىششىق يېمەكلىكلەر قاتارلىقلار بار. ئىمپورت سوممىسى 449 مىليون 760 مىڭ دوللار بولۇپ، 1998 - يىلدىكى 291 مىليون 740 مىڭ دوللار (تاموژنا ستاتىستىكا سانى) دىن %54.16 ئاشتى. ئىمپورت قىلىنغان ئاساسلىق تاۋارلار ئىچىدە نېپىز پولات تاختا، خىمىيىۋى ئوغۇت، مىس ماتېرىياللىرى، مىس، ئاليۇمىن، ئاليۇمىن ماتېرىياللىرى، كالا تېرىسى، يۇڭ، تىۋىت، شارسىمان رۇدا، رەڭلىك مېتال قاتارلىقلار بار.

گۆەن چۈن

## قازاقىستان بىلەن بولغان سودا

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ قازاقىستان بىلەن بولغان ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسى 926 مىليون 330 مىڭ دوللارغا يېتىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسىنىڭ %52.47نى ئىگىلەپ، 1998 - يىلدىكىدىن %65.35 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 463 مىليون 590 مىڭ دوللار بولۇپ، %178.03 ئاشتى. ئېكسپورت قىلىنغان ئاساسلىق تاۋارلاردىن ئاشلىق، مېۋە - چېۋە، تەييار يېمەكلىكلەر، چاي، پاختا يىپ، نىلون مەھسۇلاتلىرى، كىيىم - كېچەك، چامدان - سومكا، ئاياغ كىيىم، باش كىيىم، مەدەنىيەت - تەنتەربىيە بۇيۇملىرى، كۆندىلىك بۇيۇملار، كەپشەر چوكىسى، نېفىت ۋە نېفىت مەھسۇلاتلىرى، خىمىيە سانائەت خام ئەشياسى، تۈرلۈك ماشىنىلار، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى قاتارلىقلار بار. ئىمپورت سودا سوممىسى 462 مىليون 740 مىڭ دوللار بولۇپ، %17.60 ئاشتى. ئىمپورت قىلىنغان ئاساسلىق تاۋارلاردىن كالا تېرىسى، يۇڭ، تىۋىت، نېپىز پولات تاختا، يۇگەن، كېرەكسىز پولات، مىس ماتېرىيالى، ئاليۇمىن ماتېرىيالى، رەڭلىك مېتال، خىمىيىۋى ئوغۇت، شارسىمان رۇدا قاتارلىقلار بار.

گۆەن چۈن

## قىرغىزىستان بىلەن بولغان سودا

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ قىرغىزىستان بىلەن بولغان ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسى 131 مىليون 860 مىڭ دوللار بولۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسىنىڭ %7.47نى ئىگىلەپ، 1998 - يىلدىكىدىن %31.8 كېمەيدى.

بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 99 مىليون 890 مىڭ دوللار بولۇپ، %40.6 تۆۋەنلىدى. ئېكسپورت قىلىنغان ئاساسلىق تاۋارلار ئىچىدە توقۇلما بۇيۇملار، يىپەك توقۇلمىلار، يىپەك توقۇلما بۇيۇملار، كىيىم - كېچەك، چامدان - سومكا، ئاياغ كىيىم، باش كىيىم، كۆندىلىك بۇيۇملار، خىمىيە سانائىتى خام ئەشياسى قاتارلىقلار بار. ئىمپورت سودا سوممىسى 31 مىليون 970 مىڭ دوللارغا يېتىپ، %25.8 ئاشتى. ئىمپورت قىلىنغان ئاساسلىق تاۋارلار ئىچىدە ئەيلەنمىگەن كالا تېرىسى، يىلە غوزىسى، يۇڭ - تىۋىت، رەڭلىك مېتال، مىس ماتېرىياللار، ئاليۇمىن ماتېرىياللار، سىماپ قاتارلىقلار بار.

گۆەن چۈن

## موڭغۇلىيە بىلەن بولغان سودا

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ موڭغۇلىيە بىلەن بولغان ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسى 5 مىليون 180 مىڭ دوللار بولۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسىنىڭ %0.29نى ئىگىلەپ، 1998 - يىلدىكىدىن %59.56 كېمەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى

3 مىليون 90 مىڭ دوللار بولۇپ، %35.55 كېمەيدى.

ئېكسپورت قىلىنغان ئاساسلىق تاۋارلار ئىچىدە ئاشلىق - ياغ، شېكەر، قۇيما مەھسۇلاتلار بار. ئىمپورت سوممىسى 2 مىليون 90 مىڭ دوللار بولۇپ، %52.64 كېمەيدى. ئىمپورت قىلىنغان ئاساسلىق تاۋارلاردىن خورۇم ۋە خورۇم بۇيۇملار، ئەيلەنمىگەن كالا تېرىسى، قوي يۇڭى قاتارلىقلار بار.

گۇەن چۇن

## پاكىستان بىلەن بولغان سودا

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ پاكىستان بىلەن بولغان ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسى 30 مىليون 640 مىڭ دوللارغا يېتىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسىنىڭ %74.1 ىنى ئىگىلەپ، 1998 - يىلدىكىدىن %8.44 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 27 مىليون 240 مىڭ دوللار بولۇپ، %12.67 ئاشتى. ئېكسپورت قىلىنغان ئاساسلىق تاۋارلار ئىچىدە ئۈسۈملۈك تالاسى، خىمىيۋى تالالىق بۇيۇملار، چامدان - سومكا، باش - ئاياغ كىيىم، مەدەنىيەت - تەنتەربىيە بۇيۇملىرى، كۈندىلىك مېتال ئەسۋابلار، كۈندىلىك تۇرلۇك بۇيۇملار، ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى قاتارلىقلار بار. ئىمپورت سوممىسى 3 مىليون 400 مىڭ دوللار بولۇپ، %90.29 كېمەيدى. ئىمپورت قىلىنغان ئاساسلىق تاۋارلاردىن قۇرۇق مېۋە، خورما قاق، بىرىنچ قاتارلىقلار بار.

گۇەن چۇن

## جۇڭگو سودىنى ئىلگىرى سۈرۈش كومىتېتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى

1. سىرت بىلەن ئالاقىلىشىش خىزمىتى. 1999 - يىلى جۇڭگو خەلقئارا سودىنى ئىلگىرى سۈرۈش كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى روسىيە، قازاقىستان، پاكىستان، تۈركىيە، سىنگاپۇر، ئامېرىكا، سەئۇدى ئەرەبىستان، شۋېتسىيە، شياڭگاڭ قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلاردىن زىيارەتكە كەلگەن سودا ساھەسىدىكى زاتلار ۋە كارخانىچىلاردىن بولۇپ 17 تۈركۈمدە 90 ئادەم - قېتىمنى تەكلىپ قىلدى ۋە كۈتۈۋالدى. ئۇلارغا ئاپتونوم رايوننىڭ مەبلەغ سېلىش شارائىتى ۋە ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى تەشۋىق قىلدى ھەمدە ئالاقىدار كارخانىلارنى كەسىپلەر بويىچە سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ئۇيۇشتۇردى.

ئاپتونوم رايوندىكى توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك كارخانىلىرىنىڭ ئامېرىكا JCP شىركىتىنىڭ جۇڭگودىكى ئىشلەپچىقىرىش، مال بىلەن تەمىنلەش بازىسى تۈرىگە قاتنىشىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ھەققىدە سۆھبەت ئۇيۇشتۇرۇلدى. كورلا پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى باپونىيە زاۋۇت خوجايىنلىرى بىلەن پاختا يىپى ئېكسپورت قىلىش مەسىلىسىنى كېڭەشتى. شىنجاڭ ئاشلىق - ياغ يېمەكلىكلىرىنى ئېكسپورت - ئىمپورت قىلىش شىركىتى ئەنگلىيە خەلقئارا چەكلىك شىركىتى بىلەن تېرىك چارۋا ئېكسپورت قىلىشقا دائىر تۈرلەرنى كېڭىشىشكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. زىيارەتكە كەلگەن ئامېرىكا فوند باشقۇرۇش گۇرۇھى كۈتۈۋېلىنىپ، شىنجاڭغا مەبلەغ سېلىش، مەبلەغ ئوبوروتى ئىشى ئۈستىدە ئورتاق كېڭەشىلدى. زىيارەتكە كەلگەن سەئۇدى ئەرەبىستان جىددە جۇڭگو سودا مەركىزىنىڭ باش دىرېكتورى كۈتۈۋېلىندى. ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ شىنجاڭدا ۋاكالىتەن سودىگەر چاقىرىش ئىشى ئۈستىدە ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالاندى.

ئاپتونوم رايوندىكى كارخانىلارنىڭ گېرمانىيىدە ئېچىلغان «ياۋروپادىن ئىمپورت قىلىنىدىغان تېخنىكا ئۆلچىمى» ھەققىدىكى مۇھاكىمە يىغىنى، «ئاۋستىرالىيە — جۇڭگو ئىقتىساد سودا يەرمەنكىسى»، تىنچ ئوكيان ئويمانلىق ئىقتىسادىي كېڭىشىنىڭ 32 - نۆۋەتلىك خەلقئارالىق يىغىنىغا قاتنىشىش ئىشى ئالاقىلىشىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئامېرىكىدىكى ئامېرىكا - جۇڭگو سودا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن شىنجاڭ مۇچىلىق - سۇ ئېلېكتر ساھەسىدىن تەشكىللەنگەن 7 كىشىلىك ئامېرىكىغا بېرىپ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ 11 - كۈنىگىچە ئامېرىكىدىكى خوف توسمىسىنى ئەمەلىي زىيارەت قىلدى.

2. ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىگە سودىگەر چاقىرىش - كۆرگەزمە قىلىشقا چاقىرىش خىزمىتى. شۆبە كومىتېت ھەرخىل يوللار ئارقىلىق مەملىكەتنىڭ ئىچى - سىرتىغا '99 ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىگە قاتنىشىش تەكلىپنامىسىدىن 300 نۇسخىدىن ئارتۇقنى تارقاتتى، روسىيە، قازاقىستان، پاكىستان، قىرغىزىستان، شياڭگاڭ قاتارلىق دۆلەت ۋە رايوندىن تەكلىپ قىلىنغان 70دىن ئارتۇق سودىگەر يەرمەنكىگە قاتناشتى.

شۆبە كومىتېتنىڭ ۋاستىچىلىك رول ئوينىشى ئارقىلىق سودىگەرلەر ئاپتونوم رايوننىڭ مەبلەغ سېلىش مۇھىتىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى، ئاپتونوم رايون ۋە ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى كارخانا، تارماقلار بىلەن كەڭ كۆلەمدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، سودا توختامى، ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىق كېلىشىمى ۋە ھەمكارلىق مۇددىئانامىلىرىنى ئىمزالىدى. ئۇلار ئاساسەن پاكىستاننىڭ شىمالىي قىسمىدىكى سودا - سانائەت جەمئىيىتىگە ئەزا كارخانىلار چىگداۋ «سېرىق دېڭىز» بالىق

زاۋۇتى، شىنجاڭ «خۇڭدا» خىمىيە سانائەت زاۋۇتى، شىنجاڭ «قىزىل گىلەم» يىپەك توقۇلما فابرىكىسى، شىنجاڭ «ۋېيدا» ئوقەتچىلىك شىركەتلىرى بىلەن بالۇن، خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرى، توقۇلما مەھسۇلاتلىرى، يىپەكلىك ئىمپورت قىلىش جەھەتتە 1 مىليون دوللارلىق توختام ئىمزالىدى؛ پاكىستان لاھور شەھىرى ئىقتىساد سودا ۋەكىللەر ئۆمىكى ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار كارخانىلار بىلەن قاشتېشى پىششىقلاش، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، يىپەكلىك، تۇرمۇش بۇيۇملىرى ئىمپورت قىلىش جەھەتتە 2 مىليون 178 مىڭ يۈەنلىك توختام ئىمزالىدى.

3. كۆرگەزمە خىزمىتى 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە شۆبە كومىتېت بىلەن شىنجاڭ شەھەر - بازارلارنى ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان، گۇاڭجۇ جېنۇبىي سودا كۆرگەزمە چەكلىك شىركىتى ئۈستىگە ئالغان '99 غەربىي شىمال ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش، پار بىلەن تەمىنلەش، ھاۋا تەڭشەش ۋە كۆمۈر گازى ئۈسكۈنىلىرى كۆرگەزمىسى شۇنىڭدەك '99 غەربىي شىمال سۇ بىلەن تەمىنلەش، سۇ چىقىرىۋېتىش ۋە يۇندا چىقىرىۋېتىش ئۈسكۈنىلىرى كۆرگەزمىسى شىنجاڭ خەلقئارا كۆرگەزمە مەركىزىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئامېرىكا، گېرمانىيە، ياپونىيە، شىۋېتسارىيە، شياڭگاڭ، تەيۋەن قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلاردىن كەلگەن سودىگەرلەر كۆرگەزمىگە قاتناشتى. كۆرگەزمىدە جەمئىي 160 مىليون يۈەن خەلق پۇلى قىممىتىدىكى توختام ئىمزالاندى. 230 مىليون يۈەن خەلق پۇلى قىممىتىدىكى مۇددىئانامە خاراكتېرىدىكى كېلىشىم تۈزۈلدى.

10 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە شۆبە كومىتېت ئۇيۇشتۇرغان، ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد ھەمكارلىق ئىشخانىسى، خىمىيە سانائەت نازارىتى، شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى ھەمكارلىق ئىشخانىسى، گۇاڭجۇ جېنۇبىي سودا كۆرگەزمە چەكلىك شىركىتى ئۈستىگە ئالغان '99 شىنجاڭ خىمىيە سانائەت ۋە سۇلياۋ كاۋچۇك سانائەت كۆرگەزمىسى بىلەن '99 شىنجاڭ خىمىيە سانائىتى، نېفىت خىمىيە سانائىتى ۋە ئۈسكۈنىلىرى كۆرگەزمىسى شىنجاڭ خەلقئارا كۆرگەزمە مەركىزىدە ئۆتكۈزۈلدى. كۆرگەزمىدە مەملىكىتىمىزنىڭ 18 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايوندىكى 100 گە يېقىن خىمىيە سانائىتى، نېفىت خىمىيە سانائىتى زاۋۇتلىرى ۋە 40 تىن ئارتۇق سۇلياۋ، كاۋچۇك، ماشىنىسازلىق ئۈسكۈنىلىرى زاۋۇتلىرى مەھسۇلاتلىرىنى كۆرگەزمە قىلدى. كۆرگەزمىدە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقارغان يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا قوللىنىلغان داڭلىق، ئەلا مەھسۇلاتلىرى مەركەزلىك كۆرگەزمە قىلىندى.

4. قانۇن مۇلازىمىتى خىزمىتى. 1999 - يىلى شۆبە كومىتېت قانۇنچىلىق بۆلۈمى تۈرلۈك قانۇندىن مەسلىھەت سوراش مۇلازىمىتىدە 80 دىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) نى كۈتۈۋالدى. 8 قېتىملىق ماجىرانى قوبۇل قىلىپ، مۇرەسسە قىلدى، 2 دېلونى ئاياغلاشتۇردى. 7 - ئايدا شۆبە كومىتېتنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن قازاقىستان دۆلەتلىك سودا - سانائەت ئۇيۇشمىسى قانۇنچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى قابىكىيېۋ قاتارلىقلار شىنجاڭغا كېلىپ زىيارەتتە بولدى. ئىككى تەرەپ ئىقتىسادىي ماجىرالارنى بىرلىكتە مۇرەسسە قىلىش ھەققىدە ھەمكارلىق كېلىشىمى تۈزدى.

قانۇنچىلىق بۆلۈمى بىر يىلدا مەھسۇلات چىقىدىغان جايغا دائىر 500 نەچچە كىنىشكىنى تەستىقلاپ تارقاتتى، 80 نەچچە گۇۋاھنامىنى دەلىللىدى. شۆبە كومىتېت 8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا 60 تىن ئارتۇق كارخانىدىكى 90 چە كىشى قاتناشقان '99 ئاپتونوم رايون بويىچە تاشقى ئىقتىساد - سودا سىستېمىسىنىڭ ئىسپات چىقىرىپ دەلىللەش يىغىنى ۋە كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە كەسپىي ئاپانچىلارنى جۇڭگو سودىنى ئىلگىرى سۈرۈش كومىتېتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق گۇۋاھنامىغا تامغا بېسىش ۋاكالەت نۇقتىسى تەسىس قىلىنغان ئىلى، بورتالا، قىزىلسۇ ئوبلاستلىرىدىكى تارماق كومىتېتلار ئۇيۇشتۇرغان ئىسپات چىقىرىپ بېرىش، دەلىللەش خىزمىتى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسىغا دەرس ئۆتۈشكە ئەۋەتتى. كۇرسقا 200 گە يېقىن كارخانىدىن 200 نەچچە ئادەم قاتناشتى.

5. ئۇچۇر ۋە تەشۋىقات خىزمىتى. 1999 - يىلى شۆبە كومىتېتنىڭ كومپيۇتېرلىرى تورغا تۇتاشتۇرۇلۇپ، E — mail خەت ساندۇقى تەسىس قىلىنىپ، ئۇچۇر مەنبەسى كېڭەيتىلدى ھەمدە دۆلەت سىرتىدىكى خېرىدارلارنىڭ مەبلەغكە دائىر ئۇچۇرلارنى تەكشۈرۈش، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مەخسۇس بازارلارنى تەكشۈرۈش، تورغا ئېلېكترونلۇق ئېلان بېرىش قاتارلىق مۇلازىمەتلەرنى يولغا قويدى.

1999 - يىلى شۆبە كومىتېت 13 سان «شىنجاڭ سودىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئەھۋالى»نى تۈزۈپ، 3000 نەچچە نۇسخا (بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئۇچۇر سانى بىر) باستۇرۇپ، تارقاتتى؛ شۆبە كومىتېت ش ئۇ ئا ر ئۇچۇر مەركىزى بىلەن بىللە چىقىرىدىغان «شىنجاڭ ئۇچۇر گېزىتى» ھەپتىدە 2 سان، بىر يىلدا 105 سان چىقىرىلىپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا ئازكەم 2 مىليون نۇسخا تارقىتىلدى؛ 1999 - يىلى «جۇڭگو سودا گېزىتى» شىنجاڭ مۇخبىرلىق پونكىتى، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ۋە تۈرلۈك مەتبۇئاتلاردا 32 پارچە (قېتىم) ماقالە ئېلان قىلدى.

لياڭ جيەنپىڭ

# ساياھەتچىلىك

## ئومۇمىي بايان

### خەلقئارا ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋېلىش ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە چېگرىدىن كىرگەن 223 مىڭ 800 چەت ئەللىك ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە، چەت ئەللىك ساياھەتچى 190 مىڭ 100 ئادەم (قېتىم)، جۇڭگو مۇھاجىرلىرى، شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار 37 مىڭ 700 ئادەم (قېتىم). چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرنىڭ شىنجاڭدا بىر كېچە قونۇشى ئۈچۈن ھەر ئادەمگە ئوتتۇرىچە توغرا كەلگەن خىراجەت كۈنىگە 155.22 دوللار بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ھەربىر چەت ئەللىكنىڭ كۈنىگە 159.04 دوللار، ھەربىر جۇڭگو مۇھاجىرىنىڭ كۈنىگە 118.46 دوللار، ھەربىر شياڭگاڭ، ئاۋمېنلىق قېرىنداشنىڭ كۈنىگە 115.01 دوللار، ھەربىر تەيۋەنلىك قېرىنداشنىڭ كۈنىگە 116.06 دوللار بولدى. بىر يىلدا ساياھەتچىلىكتىن يارىتىلغان تاشقى پېرېۋوت 85 مىليون 821 مىڭ 400 دوللارغا يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 4.1% ئاشتى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايونغا كەلگەن ھەر قايسى دۆلەت ساياھەتچىلىرىنىڭ رەت تەرتىپى مۇنداق: مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىن كەلگەن ساياھەتچى 91 مىڭ 537 ئادەم (قېتىم)، ياپونىيەدىن كەلگەن ساياھەتچى 46 مىڭ 751 ئادەم (قېتىم)، ئامېرىكىدىن كەلگەن ساياھەتچى 8546 ئادەم (قېتىم)، پاكىستاندىن كەلگەن ساياھەتچى 7892 ئادەم (قېتىم)، گېرمانىيەدىن كەلگەن ساياھەتچى 5332 ئادەم (قېتىم)، فرانسىيەدىن كەلگەن ساياھەتچى 3736 ئادەم (قېتىم)، ئەنگلىيەدىن كەلگەن ساياھەتچى 2941 ئادەم (قېتىم)، سىنگاپوردىن كەلگەن ساياھەتچى 2059 ئادەم (قېتىم)، كورىيەدىن كەلگەن ساياھەتچى 1832 ئادەم (قېتىم)، مالايسىيادىن كەلگەن ساياھەتچى 1757 ئادەم (قېتىم)، ئىتالىيەدىن كەلگەن ساياھەتچى 1714 ئادەم (قېتىم)، كانادادىن كەلگەن ساياھەتچى 1593 ئادەم (قېتىم)، ئاۋستىرالىيەدىن كەلگەن ساياھەتچى 1562 ئادەم (قېتىم)، شۋېتسارىيەدىن كەلگەن ساياھەتچى 1119 ئادەم (قېتىم)، گوللاندىيەدىن كەلگەن ساياھەتچى 990 ئادەم (قېتىم).

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە جايلارنىڭ ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋېلىش ئەھۋالى مۇنداق بولدى: ئۈرۈمچىنىڭ 118 مىڭ 412 ئادەم (قېتىم)، 386 مىڭ 121 ئادەم (كىشى)؛ تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ 26 مىڭ 815 ئادەم (قېتىم)، 29 مىڭ 456 ئادەم (كىشى)؛ قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 485 ئادەم (قېتىم)، 485 ئادەم (كىشى)؛ سانجى ئوبلاستىنىڭ 117 ئادەم (قېتىم)، 333 ئادەم (كىشى)؛ بورتالا ئوبلاستىنىڭ 236 ئادەم (قېتىم)، 402 ئادەم (كىشى)؛ بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ 2479 ئادەم (قېتىم)، 2479 ئادەم (كىشى)؛ ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ 3753 ئادەم (قېتىم)، 4908 ئادەم (كىشى)؛ قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 25 مىڭ 6 ئادەم (قېتىم)، 79 مىڭ 159 ئادەم (كىشى)؛ خوتەن ۋىلايىتىنىڭ 6436 ئادەم (قېتىم)، 6436 ئادەم (كىشى)؛ ئىلى ئوبلاستىنىڭ 20 مىڭ 691 ئادەم (قېتىم)، 28 مىڭ 58 ئادەم (كىشى)؛ ئىلى ۋىلايىتىنىڭ 9335 ئادەم (قېتىم)، 5848 ئادەم (كىشى)؛ كۈيتۇڭ شەھىرىنىڭ 54 ئادەم (قېتىم)، 54 ئادەم (كىشى)؛ تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ 103 ئادەم (قېتىم)، 403 ئادەم (كىشى)؛ ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ 905 ئادەم (قېتىم)، 2053 ئادەم (كىشى)؛ شىخەنزە شەھىرىنىڭ 712 ئادەم (قېتىم)، 921 ئادەم (كىشى)؛ قاراماي شەھىرىنىڭ 144 ئادەم (قېتىم)، 144 ئادەم (كىشى).

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ساياھەتچىلىكنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى ۋە ساياھەت كارخانىلىرى «99، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ساياھىتى» ئاساسىي تېما قىلىنغان پائالىيەتنى چۆرىدەپ، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ خادىملارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، دۆلەت ساياھەت ئىدارىسى ئۇيۇشتۇرغان مىلان، موسكۋا، بېرلىن خەلقئارا ساياھەت سودا يەرمەنكىسى، توكيو دۇنيا ساياھەت كۆرگەزمىسى، سىنگاپور PATA ساياھەت كۆرگەزمىسى، شياڭگاڭ ساياھەت كۆرگەزمىسى، شىمالىي ئامېرىكىغا بىرىنچى بىرلەشمە سېتىشنى ئالغا سۈرۈش كۆنمىلىك دۇنيا يەرمەنكىسى، دۆلەت ئىچىدىكى ساياھەت - سودا يەرمەنكىسى قاتارلىق پائالىيەتلەرگە قاتناشتۇردى. چەت ئەللىك ساياھەتچىلەر

مەنبەسى بازىرىنى بەلگىلەش، بازاردا سېتىشنى ئالغا سۈرۈشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، بەزى ساياھەت كارخانىلىرى ئۆز ئالدىغا ئۈمەك، گۇرۇپپا ئۇيۇشتۇرۇپ ياپونىيە، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى، پاكىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگە تەشۋىق قىلىش، ساياھەتچى قوبۇل قىلىش، كەسىپ توغرىسىدا كېڭىشىشكە ئەۋەتتى.

لى ۋېي

## دۆلەت ئىچىدىكى ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋېلىش ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە كۈتۈۋېلىنغان دۆلەت ئىچىدىكى ساياھەتچى 6 مىليون 946 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %12.8 ئاشتى، ساياھەت كىرىمى 5 مىليارد 829 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %5 ئاشتى. بىر يىلدا جۇڭگو پۇقرالىرىدىن 5468 ئادەم (قېتىم) چېگرىدىن چىقىپ ساياھەت قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى، ئۇلار بارغان ئاساسلىق دۆلەت ۋە رايونلار سىنگاپور، مالايسىيا، تايلاند، شياڭگاڭ ۋە ئاۋمېن رايونلىرىدىن ئىبارەت. شىنجاڭ ئىچىدىكى پۇقرالاردىن 1409 ئادەم (قېتىم) مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى ئەتراپىدىكى دۆلەتلەرنى ساياھەت قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى.

لى ۋېي

## شىنجاڭ ساياھەت گۇرۇھى قۇرۇلدى

1999 - يىل 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى شىنجاڭ ساياھەت گۇرۇھى ۋە شىنجاڭ ساياھەت گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئۈرۈمچىدە قۇرۇلدى. گۇرۇھ شىركىتى ئاپتونوم رايون ئۆز ئالدىغا دۆلەت مەبلىغىنى سېلىپ قۇرغان شىركەت بولۇپ، سابىق شىنجاڭ جۇڭگو خەلقئارا ساياھەت كوپىراتىپى، شىنجاڭ چەت ئەل ساياھەت باش شىركىتى «جىنشەن» خەلقئارا ساياھەت كوپىراتىپى، شىنجاڭ «تەبىئەت» خەلقئارا ساياھەت شىركىتى، شىنجاڭ ساياھەت مۇلازىمەت شىركىتى، شىنجاڭ دوستلۇق مېھمانخانىسى، شىنجاڭ ساياھەت ئاپتوموبىل شىركىتىنىڭ يېقىن قاتلىمى مۇپىتىدە بىرلىشىپ قۇرۇلغان. گۇرۇھ شىركىتى گۇرۇھقا ئەزا كارخانىلارنىڭ ئومۇمىي ئەۋزەللىكىنى ۋە ئۈنۈمۋېرسال رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ساياھەتنىڭ 6 چوڭ ئامىلىنى چۆرىدەپ مەھسۇلاتلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ۋە بازار ئېچىپ، بىرگەۋدىلەشكەن تەرەققىيات ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، يۈختا ئەمەلىي كۈچكە ئىگە چوڭ تىپتىكى گۇرۇھلاشقان ئىقتىسادىي بىرلەشمە گەۋدىگە ئايلانماقچى.

لى ۋېي

# بازار ئېچىش

## 99' مۇھىت ئاسراش پىدائىيلىرى پائالىيىتى بولغا قويۇلدى

مۇھىتنى ئاسراپ، ساياھەت مەنزىرە رايونلىرىنى گۈزەللەشتۈرۈش، پاكىزلاشتۇرۇش، مەدەنىي ساياھەتنى تەشەببۇس قىلىش ئۈچۈن، 1999 - يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ساياھەت ئىدارىسى ئورگىنىدىكى بارلىق كادىرلار، ساياھەت كارخانىلىرى، بوغدا كۆلىدىكى قازاق چارۋىچىلارنىڭ ئاز كەم 300 ۋەكىلى ئاتاقلىق ساياھەت، ئاسار ئەتىقە رايونى — بوغدىدا ش ئۇ ئا ر ساياھەت ئىدارىسى ئۇيۇشتۇرغان 99' ئېكولوگىيىلىك مۇھىت بويىچە ساياھەت مۇھىتىنى ئاسراش پىدائىيلار پائالىيىتىگە قاتناشتى. شۇ كۈنى بۇ پائالىيەت يەنە قەشقەر، خوتەن، ئىلى، ئالتاي قاتارلىق ساياھەت رايونلىرىدا بىرلا ۋاقىتتا قانات يايدۇرۇلدى.

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر ساياھەت ئىدارىسى لىنىيە، نۇقتا، ۋاقىت، مىقدار بەلگىلەشتىن ئىبارەت ئىلمىي يول باشلاش ئۇسۇلىنى تەشەببۇس قىلىپ، بۇنى ھازىرقى تارقاق ساياھەت قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ئورنىغا دەسسەتتى. 300 مىڭ مۇھىت ئاسراش ئەخلەت خالتىسى ياساپ، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ساياھەت ئىدارىلىرىغا تارقىتىپ بەردى، ئۇلار بۇ خالتىنى ھەربىر ساياھەتچىگە تارقاتتى، بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزىدىكى تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى ۋاقتىدا تازىلىيالايدىغان بولدى. ئۈنۈملۈك باشقۇرۇش ئارقىلىق، ساياھەت كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مۇھىت ئاسراش خادىملىرىنىڭ ھەركىتى چېكلىپلاشتۇرۇلۇپلا قالماستىن، بەلكى ساياھەت قىلغۇچىلارنىڭ مۇھىت ئاسراش ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، ساياھەتچىلەرنىڭ مەدەنىيەتسىز ھەرىكىتىنى چېكلىپلاشتۇرۇشقا ياردىمى بولدى.

## 99' ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ساياھىتى تەشۋىقاتى مەسلىھەت بېرىش پائالىيىتى

1999 - يىل 6 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ساياھەت ئىدارىسى، بېيجىڭ ساياھەت ئىدارىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ساياھەت ئىدارىسى بىرلىكتە ئۈرۈمچى شەھىرىدە، 99' ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ساياھىتى تەشۋىقاتى، مەسلىھەت بېرىش كۈنى پائالىيىتىنى يولغا قويدى، ئاپتونوم رايوندىكى 15 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىمۇ شۇ كۈنى بۇ پائالىيەت ئۆتكۈزۈلدى.

مەسلىھەت بېرىش كۈنى پائالىيىتى كەڭ شەھەر

ئالەمگە ساياھەتچىلىكنى تەشۋىق قىلىش، ئېكولوگىيىلىك ساياھەت ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش، ساياھەت مۇھىتىنى ئاسراش ئېڭىنى يېتىلدۈرۈش، ساياھەت كارخانىلىرىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىش، ساياھەت كەسپىنىڭ يېڭى ئوبرازىنى تۇرغۇزۇش، شۇنداقلا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ساياھەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى»نى چوڭقۇر تەشۋىق قىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ ئەمەلىي ھەرىكەت ئارقىلىق «2000 ـ يىللىق ئۈرۈمچى جۇڭگو دۆلەت ئىچكى ساياھەت سودا يەرمەنكىسى»نى كۈتۈۋېلىش مەقسىتىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئۈرۈمچى رايونىدىكى 40 نەچچە ساياھەت كارخانىسى، يۇلتۇز دەرىجىلىك 20 نەچچە رېستوران بۇ پائالىيەتكە قاتناشتى. ساياھەت كارخانىلىرىنىڭ مەسلىھەت بېرىش پائالىيىتىگە قاتنىشىش ئاكتىپلىقى يۇقىرى بولدى. مەسلىھەت بېرىش مۇنبىرى ئۆزگىچە زىننەتلەندى. تەشۋىقات ماتېرىياللىرى مول، ۋاقىت ئۇنۇمچانلىقى كۈچلۈك بولدى.

لى ۋېي

## 99 ’ جۇڭگو دۆلەت ئىچكى ساياھەت سودا يەرمەنكىسىگە قاتنىشىش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر ساياھەت ئىدارىسى ئاپتونوم رايوندىكى ساياھەت كوپېراتىپلىرى، رېستوران قاتارلىق ساياھەت كارخانىلىرىدىن 120 نەچچە كىشىلىك ئۆمەك تەشكىللەپ، 1999 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن 22 ـ كۈنىگىچە كۇنمىڭ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن 99 ’ جۇڭگو دۆلەت ئىچكى ساياھەت سودا يەرمەنكىسىگە قاتناشتۇردى. يەرمەنكىدە 500 تۈردىن ئارتۇق مۇددىئا توختامى ئىمزالاندى، گورۇپپا، ئۆمەكتىكى ئادەم سانى ئازكەم 100 مىڭغا يەتتى. ساياھەت سودا يەرمەنكىسىدە شىنجاڭنىڭ يەرمەنكە ئورنى مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئۆزگىچە زىننەتلەندى. ئېكىسكۇرسىيە قىلغۇچىدىن 25 مىڭ ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى. تۈرلۈك تەشۋىقات ماتېرىياللىرىدىن 120 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق تارقىتىلدى، ش ئۇ ئا ر ساياھەت ئىدارىسى تەشكىلىي ھەيئىتىنىڭ «ئەلا ياخشى تەشكىللەش مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى.

لى ۋېي

## چېن شياڭمېي خانىم شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى

خەلقئارادىكى مەشھۇر زات، ئامېرىكا خەلقئارا ھەمكارلىق ھەيئىتىنىڭ رەئىسى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دۆلەت ساياھەت ئىدارىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى، ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى جۇڭگولۇق چېن شياڭمېي خانىم ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى دۆلەت ساياھەت ئىدارىسىنىڭ سابىق باشلىقى ليۇ يىنىڭ ھەمراھلىقىدا 1999 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىدىن 6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىگىچە شىنجاڭدا دوستانە زىيارەتتە بولدى. چېن شياڭمېي خانىم ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئۈرۈمچى، قەشقەر، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىكى ساياھەت مەنزىرە رايونلىرىنى زىيارەت قىلدى.

لى ۋېي

## جۇڭگو خەلقئارا ساياھەت باش كوپېراتىپى شىنجاڭدا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى

جۇڭگو خەلقئارا ساياھەت باش كوپېراتىپىنىڭ باش دىرېكتورى، دۆلەت ساياھەت گورۇھىنىڭ لىدىرى جۇڭگو ساياھەت جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى لى لۈئەن قاتارلىق 6 كىشى 1999 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىن 13 ـ كۈنىگىچە شىنجاڭنىڭ ساياھەت بايلىقىنى تەكشۈردى ۋە شىنجاڭ ساياھەت گورۇھى بىلەن دۆلەت ساياھەت كوپېراتىپىنىڭ يەنىمۇ ھەمكارلىشىش توغرىسىدىكى ئىشلارنى مۇزاكىرە قىلدى. شىنجاڭدىكى مەزگىلىدە، ئۇ ئۈرۈمچى، قەشقەر، تۇرپان قاتارلىق جايلارنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدى ۋە تەكشۈردى. شىنجاڭنىڭ ئۆزگىچە تەبىئىي قىياپىتى ۋە قويۇق مىللىي تۈس ئالغان ئەھۋالى ئۇنىڭدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. لى لۈئەن مۇنداق قارىدى: شىنجاڭنىڭ ساياھەت بايلىقى مول بولۇپ، پىشىپ يېتىلگەن ساياھەت مەھسۇلاتلىرى شەكىللەنگەن، ئاپتونوم رايون بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ھەممەيلەندە ساياھەت ئىشلىرىنى يولغا قويۇش كەيپىياتى بارلىققا كەلگەن، ساياھەت كەسپى دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولغان، ساياھەت قوشۇنى ساپاسى ئۆسكەن، ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن تېخىمۇ چوڭ تۆھپە قوشقىسى.

لى ۋېي

## تاغقا چىقىش ساياھىتى

1999 ـ يىلى شىنجاڭ تاغقا چىقىش جەمئىيىتى، شىنجاڭ خەلقئارا تەنتەربىيە ساياھەت كوپېراتىپى فرانسىيە، گېرمانىيە، ئامېرىكا، ياپونىيە، ئىتالىيە، ئىسپانىيە، ئەنگلىيە، روسىيە، ۋېنېسۇئېلا، ئاۋىستىرىيە، ئاۋىستىرالىيە، گوللاندىيە، شىۋېتسارىيە، دانىيە، پاكىستان، سىنگاپور، شياڭگاڭ، تەيۋەندىن ئىبارەت 18 دۆلەت ۋە رايوننىڭ 24 تاغقا چىقىش كوماندىسى ۋە 29 ساياھەت ئۆمىكى ـ ئەترىتىنى كۈتۈۋالدى، كۈتۈۋېلىنغانلار 403 كە يەتتى، 4 مىليون 70 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. 8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى شىنجاڭ جاۋ گاڭ، ۋاڭ جىمىڭ، ساۋ مېي (ئايال) ۋە چېن مېيبۇ (ئايال) لارنى يەنچىڭ ناھىيىسىنىڭ لۇڭچېڭشادا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك 7 ـ نۆۋەتلىك «لۇڭچېڭشا لوڭقىسى»نى

تاللىشىش بويىچە قىياغا يامىشىش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىشقا ئەۋەتتى.

ليۇ جىنلىك

## ئەنگلىيىلىك قىز ئوقۇغۇچىلار تەقلىدىي پىيادە يولنى ساياھەت قىلدى

سوفىيە، ئالېنا ساندىرو، ۋىكتورىيە، لوئىستىن ئىبارەت 4 ئەنگلىيىلىك ئالىي مەكتەپ قىز ئوقۇغۇچىسى 1999 - يىل 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى لوندوندىن يولغا چىقىپ، 9 ئايلىق تەقلىدىي قەدىمىي پىيادە يولى ساياھىتىنى باشلىدى. ئۇلار 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تورغات ئېغىزىدىن كىرىپ، 10 تۆگە سېتىۋېلىپ، 32 تۆگىچى تەكلىپ قىلىپ، تۆگە بىلەن قەشقەر، قاغىلىق، خوتەن، نىيە، چەرچەن، چاقىلىق، سوركۆل، راپچاندىن ئۆتۈپ دۇنخۇاڭغا يېتىپ باردى. ئۇلار ساياھەت جەريانىدا، تومۇز ئىسسىق، كەلكۈن، بوران قاتارلىق تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان قىيىنچىلىقلارنى يەڭدى، سەپەر ئۈستىدە چارۋىچىلارنىڭ قىزغىن ياردىمىگە ئېرىشتى. 12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى بېيجىڭدىن يولغا چىقىپ، جۇڭگو بۆلىكىدىكى 161 كۈنلۈك، مۇساپىسى 5000 كىلومېتىردىن ئاشىدىغان ساياھەتنى تاماملىدى. بۇ قېتىمقى پائالىيەتنى بېيجىڭ جۇڭگو خەلقئارا تەنتەربىيە ساياھەت باش شىركىتى ئۇيۇشتۇرغان، شىنجاڭ، گەنسۇ، شەنشى خەلقئارا تەنتەربىيە ساياھەت كوپېراتىپلىرى كۈتۈۋېلىشقا ياردەملەشكەن.

جىن يىڭجې

# مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى

## ئۇل ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق مەبلەغ غەملەپ، ساياھەت مەنزىرە رايونلىرىدىكى مەنزىرە نۇقتىلىرىنىڭ ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى. كەسپلەر ۋە تارماقلار 561 مىليون 710 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ئاساسلىق مەنزىرە رايونلىرىدىكى مەنزىرە نۇقتىلىرىنىڭ مۇئەسسەسەلىرىنى يېڭىدىن قۇردى، ئۆزگەرتتى ۋە كېڭەيتىپ قۇردى. بايىنغولىن ئوبلاستى، قۇمۇل، ئالتاي، تۇرپان قاتارلىق جايلار يەنە ساياھەتچىلىك تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتە ئېتىبار بېرىلىدىغان سىياسەتلەرنى تۈزدى ھەمدە ھۆكۈمەتنىڭ مەبلەغ سېلىشقا يېتەكلەش خاراكتېرىدىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى. قاناس كۆلى مەنزىرە نۇقتىسىنىڭ 3نى يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىغا 100 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىندى، قۇمۇل ئاقتاش يېزىسىدىكى مەنزىرە نۇقتىسىغا باردىغان يولنى ياسىدى، باغراش ناھىيىسى مەنزىرە نۇقتىسى قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 80 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ جەلپ قىلدى. تۇرپان ۋە ئاقسۇ ۋىلايەتلىرى 80 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىپ، بۇنى مەنزىرە نۇقتىلىرى ۋە مەنزىرە نۇقتىسى يوللىرى، ھاجەتخانا ياساشقا ئىشلەتتى. يەنە بەزى ۋىلايەت، ئوبلاستلار ھەر تەرەپتىن مەبلەغ غەملەپ، ئۆز جايلىرىنىڭ كۈتۈۋېلىش مۇھىتى ۋە شەرت - شارائىتىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىدى. بۇنىڭ بىلەن، ئاپتونوم رايوننىڭ ساياھەت بايلىق ئەۋزەللىكىنى ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئۆزگەرتىش مۇساپىسى زور دەرىجىدە ئالغا سۈرۈلدى.

لى ۋېي

## 3 مېھمانخانىنىڭ يۇلتۇز دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش تەستىقلاندى

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر ساياھەت ئىدارىسى ئۈرۈمچى رايونىدىكى «كۆمۈش ئاستانە» مەيخانىسى، «خەيدې» مېھمانخانىسى، «خۇڭفۇ» كاتتا مېھمانخانىسىنىڭ ئىلتىماسىغا ئاساسەن، دەسلەپتە باھالاپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىپ ھەمدە دۆلەت ساياھەت ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىگە يوللاپ، «كۆمۈش ئاستانە» مېھمانخانىسى ، «خەيدې» مېھمانخانىسىنى 5 يۇلتۇز دەرىجىلىك، چەت ئەلگە چېتىلىدىغان ساياھەت مېھمانخانىسى دەپ، «خۇڭفۇ» كاتتا مېھمانخانىسىنى 4 يۇلتۇز دەرىجىلىك، چەت ئەلگە چېتىلىدىغان ساياھەت مېھمانخانىسى دەپ بېكىتتى.

لى ۋېي

# كەسىپ باشقۇرۇش

## كەسىپ باشقۇرۇش

1999 - يىل 4 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ساياھەت ئىدارىسى ئاپتونوم رايون بويىچە 2 - قارارلىق ساياھەت مەمۇرىي قانۇننى ئىجرا قىلىش كۇرسى ئېچىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ساياھەت ئىشلىرىنى مەمۇرىي قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىنى ئالغا سۈردى. ساياھەت قىلىش ئاۋات پەسلىدە مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىدىغان خادىملارنى تارقاق ساياھەتچىلەر مال سېتىۋالىدىغان ماگىزىن، ساياھەت ماللىرىنى سېتىۋالىدىغان بازار، چېگرىدىن چىقىپ ساياھەت ماللىرىنى سېتىۋالىدىغان بازارنىڭ ئايلىنىش ئەھۋالىنى ۋە بازار تەرتىپىنى ھەمدە ساياھەتچىلەرگە يول باشلىغۇچىلارنىڭ كىنىشكا ئېلىپ، مەيدىسىگە كارتا ئاقاپ ئىش ئورنىغا چىقىش

قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەكشۈرۈشكە ئەۋەتتى، قانۇنغا خىلاپ تۈرلۈك قىلمىشلارنى جازالىدى، قائىدىگە خىلاپ تىجارەت قىلغان، ساياھەت كوپىراتىپلىرىنىڭ تارقاق ساياھەتچىلەرى مال سېتىۋالىدىغان 10 ماگىزىنىنى ئەمەلدىن قالدۇردى؛ بەلگىلىمە بويىچە ساياھەت كوپىراتىپىنىڭ سۈپەت كاپالەت پۇلىنى يېتەرلىك تولۇقلىمىغان بىر ساياھەت كوپىراتىپىنىڭ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش ئىجازەتنامىسىنى ئەمەلدىن قالدۇردى؛ دۆلەتتىن چىقىپ ساياھەت قىلىش قانۇن - نىزامىغا خىلاپلىق قىلغان 3 ساياھەت كوپىراتىپىنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئارقىلىق تەنقىد قىلىپ، كەسپىنى توختىتىپ تەرتىپكە سېلىشقا بۇيرۇدى ھەممىدە جەرىمانە قويۇپ جازالىدى. بىر يىلدا ئەرز قىلىنغان دېلودىن 45ى تاپشۇرۇۋېلىندى. 127 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى. قومۇل قاتارلىق ۋىلايەتلەر يەنە ساياھەتچىلىك ئۈستىدىن مۇپەتتىشلىك قىلىش چوڭ ئەترىتى قۇرۇپ، ساياھەت بازارلىرىنىڭ تەرتىپىنى ئۈنۈملۈك قوغدىدى.



ئالتاينىڭ قار - مۇز بىلەن قاپلانغان يەسلىدىكى ئالاھىدە ساياھەت تۈرى — قار ئۈستىدىكى ئات چانىسى.

جاۋ جۇنئەن فوتوسى

لى ۋېي

## ساياھەت خادىملىرىنى تەربىيىلەش

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر ساياھەت ئىدارىسى 1200 دىن كۆپرەك تۈرلۈك ساياھەت خادىملىرىنى تەربىيىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ساياھەت باشقۇرۇش خادىمى 75، ساياھەت كوپىراتىپىنىڭ دىرېكتورلۇق سالاھىيىتىنى ئىسپاتلاپ تەكشۈرۈشتىن بۇرۇن تەربىيىلەنگىنى 152، يول باشلىغۇچى سالاھىيىتى دەرىجىسى كۇرسىدا تەربىيىلەنگىنى 975. بورتالا ئوبلاستى، قەشقەر ۋىلايىتىدە ساياھەت ئاپتوموبىل شوپۇرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى، كۇرسقا 90 دىن ئارتۇق شوپۇر قاتناشتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇرچىن، كۆنەس، نىلقا، يەكەن، تورپانلاردا كۇرس ئېچىلىپ، بۇ رايونلاردا ساياھەت ئىختىساس ئىگىلىرى كەم بولۇشتەك ۋەزىيەت يەسەيتىلدى. 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ مەملىكەتتىكى 4 ئالىي تېخنىكوم مەكتىپى بىلەن تەربىيىلەش - ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش كەسپى تەسىس قىلدى. 1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر ساياھەت ئىدارىسى يەنە 6 - نۆۋەتلىك ئىش ئورنى كەسپىي ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسى ۋە ساياھەت ئۆمەك - ئەترەتلىرىنىڭ رەھبەرلىك كۆرگەزمىسىنى باھالاش يىغىنى ئۆتكۈزدى.

لى ۋېي

## مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى

ش ئۇ ئا ر ساياھەت ئىدارىسى 1999 - يىل 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىدىغان خادىملارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى. كۇرستا «مەمۇرىي دەۋا قانۇنى»، «مەمۇرىي جازا قانۇنى»، «ساياھەت كوپىراتىپلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ ساياھەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى» قاتارلىق قانۇن، قائىدە - نىزاملار سىستېمىلىق ئۆگىنىلدى. ئىمتىھان ئېلىش ئارقىلىق 45 ئادەم ش ئۇ ئا ر ساياھەت ئىدارىسى تارقاتقان مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش كىنىشكىسىگە ئېرىشتى.

لى ۋېي

## شىنجاڭ ساياھەت كوپىراتىپى جەمئىيىتى قۇرۇلدى

شىنجاڭ ساياھەت كوپىراتىپى جەمئىيىتى 1999 - يىل 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى قۇرۇلدى. جەمئىيەتكە 60 ئورۇن ئەزا بولدى. 1999 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە ساياھەت كوپىراتىپى 74كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىچكى ساياھەت كوپىراتىپى 38، خەلقئارا ساياھەت كوپىراتىپى 36.

لى ۋېي

## شىنجاڭ ساياھەت مېھمانخانىسى كەسپىي جەمئىيىتى قۇرۇلدى

شىنجاڭ ساياھەت مېھمانخانىسى كەسپىي جەمئىيىتى 1999 - يىل 3 - ئاينىڭ 22 - كۈنى قۇرۇلدى. بۇ جەمئىيەتتە چەت ئەلگە ئېچىۋېتىلگەن 127 ساياھەت مېھمانخانىسى ۋە 4 مۇناسىۋەتلىك ئورۇن بار. جەمئىيەتكە 131 ئورۇن ئەزا بولدى. 1999 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە يۇلتۇز دەرىجىلىك مېھمانخانا 74كە، چەت ئەلگە ئېچىۋېتىلگەن ساياھەت مېھمانخانىسى 161 گە، ياتاق 16 مىڭ 437 ئېغىزغا، كارىۋات 35 مىڭ 616 گە يەتتى. شىنجاڭ ساياھەت مېھمانخانىسى كەسپىي جەمئىيىتى مۇلازىمەت قىلىش، نازارەتچىلىك قىلىش، ماسلاشتۇرۇش، تەرەققىي قىلدۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ تىجارىتى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى مۇھىت ۋە شەرت - شارائىت يارىتىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ساياھەت مېھمانخانىسى كەسپىنى ئىگىلىك باشقۇرۇشنىڭ يېڭى باسقۇچىغا كۆتۈرۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ساياھەت ئىشلىرىنىڭ ساغلام، داۋاملىق تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشىدۇ.

لى ۋېي

# گېئولوگىيە، يەر تەۋرەش، مېتېئورولوگىيە

## گېئولوگىيە

### «305» تەتقىقات تۈرىدە يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى

1999 ـ يىلى «915 — 96» تەتقىقات تۈرى يولغا قويۇلغان 4 ـ يىلى بولۇپ، بۇ تۈردە يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى.

1. ئۇل گېئولوگىيىسى تەتقىقاتى

قىيىر ماندالىق جىلغا ئېغىزىدىكى ئوخشىمىغان ئارىلاشما زوننا ئىچىدىن كرېمنىيلىق جىنس تېپىلدى، كرېمنىيلىق جىنىسلارنىڭ تەركىبىدىكى $D_1$ —$S_3$تىپىز سۆلۆق بىئولوگىيىلىك قېتىشما بولغان ھاك تاش ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلدى، دەسلەپكى قەدەمدە بۇ، چۆكۈندە ئارىلاشما جىنىسلارنىڭ سىرتتىن كەلگەن جىنىس پارچىلىرى بولۇپ، رادىئولىيارىيە تۈرىگە ئاساسەن، كرېمنىيلىق جىنىسلارنىڭ دەۋرىنى $C_1$ —$D_3$قىلىپ بېكىتكىلى بولىدۇ، ئۇنىڭ شەكىللىنىش شارائىتى بولسا چوڭقۇر دېڭىزدىكى ئارىلاشما دۆۋىلەنمىلەردىن ئىبارەت دەپ قارالدى، بۇ خىل چۈشەنچە غەربىي جەنۇبىي تەڭرىتېغى تۈزۈلمىسىنىڭ تەدرىجىي ئۆزگىرىشىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئەسلىدە ئاخىرقى يىراق قەدىمكى ئېرا يەر قاتلىمى قىلىپ ئايرىلغان ئىيماق توپىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىدىكى جىنىس گورۇپپىسى (چوڭقۇر دېڭىزدىكى خىلمۇ خىل بۆلەكچىلىرى) دىن مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان رادىئولىيارىيىلىك قېتىشمىلار ئايرىپ چىقىلدى، ئۇ جەمئىي 8 ئۇرۇقداش، 19 تۈرگە تەۋە بولۇپ، ئۇنى دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن رادىئولىيارىيىلىك قېتىشمىلار ئۈستىدىكى تەتقىقات نەتىجىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا تاش قاتمىلىق 2 خىل بىرىكمىگە تەۋە بولۇپ، ئۇنىڭ شەكىللەنگەن دەۋرى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا دەسلەپكى قەدىمكى ھايات ئېراسى ۋە ئاخىرقى دېۋون ئېپوخاسى — دەسلەپكى تاشكۆمۈر ئېپوخاسىدىن ئىبارەت. يەر قاتلىمى دەۋرىنى ئايرىش ئۈستىدە يېڭى ئاساسلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

شەرقىي تەڭرىتاغدىكى بەيگەنخۇ رايونىدىن بىر يۈرۈش يانار تاغ شېغىللىرى بايقالدى، ئۇ ئاچا تاغ گورۇپپىسى بىلەن يامانسۇ گورۇپپىسى ئايرىپ تۇرىدىغان چېگرا يۈزىگە جايلاشقان بولۇپ، ئاچا تاغ گورۇپپىسى بىلەن يامانسۇ گورۇپپىسى پاراللېل بىماس دەستىلەنگەن تېگىشىش مۇناسىۋىتىدە بولۇپ كەلگەنلىكى ئېنىق بېكىتىلدى. قومدۆۋىنىڭ شەرقى بىلەن غەربىدىكى يەر قاتلاملىرى ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقى بايقالدى. كەڭ كۆرتاغ بىلەن خۇاڭشەن ئۈزۈلمىسى پاسىل قىلىنىپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا قەدىمكى قۇرۇقلۇق چېتىدىكى 2 يۈرۈش كان ھاسىل بولغان سىستېمىغا تەۋە ئىكەنلىكى ئېتىراپ قىلىندى.

2. كان بەلۋاغلىرىنىڭ گېئولوگىيە خىزمىتى

توققۇزتارا ناھىيىسى خىسلەتلىك بۆلاق ئالتۇن كان نۇقتىسىدا يەر يۈزى يالىنىپ ئۆزگەرگەن جىنىس بەلۋېغىدىكى ئۇزۇنلۇقى 1500 مېتىردىن ئاشىدىغان، كەڭلىكى 20 — 60 مېتىر كېلىدىغان دائىرىدىن $0.5\times10^{-6}$بويىچە ئۇزۇنلۇقى 700 مېتىر، كەڭلىكى 15 مېتىردىن كۆپرەك كېلىدىغان كان گەۋدىسى دائىرىگە ئېلىندى. 1999 ـ يىلى 1:10000 ماسشتابلىق گېئولوگىيىلىك دەسلەپكى چېرتيوژنى تۈزۈش بىلەن بىرگە، يۇقىرى قۇۋۋەتلىك ئېلېكترلىك قوزغىتىش ۋە نازۇكلۇق دەرىجىسى يۇقىرى بولغان ماگنىتلىق ئۆلچەش ئېلىپ بېرىلىپ، بىر قەدەر ياخشى بىنورماللىق قولغا كەلتۈرۈلدى ھەمدە بۇ مىنېراللىق بەلۋاغنىڭ جەنۇبىي يان تەرىپىدىن بىر يۇقىرى بىنورمال رايون تېپىلدى، بۇ، كان تېپىش ئىمكانىيىتى بولغان نىشانلىق رايون ھېسابلىنىدۇ.

جىمىنەي ناھىيىسى تاستى مىس كان نۇقتىسىدىن كان تېپىشقا باھا بېرىش تەتقىقاتىدا يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى. ئامىتىنقى تاشكۆمۈر سىرىيىسىگە تەۋە بولغان لاستى گورۇپپىسىدىكى ئاندېزىت بىلەن گرانىت گەۋدىسىنىڭ سىرتى تۇتاشقان جايدىن شىمالدىن شەرققە يۆنەلگەن ئۈزۈلمە ئۆۋۈندىنىڭ تىزگىنىدىكى مىس مىنېراللىق بەلۋاغ تېپىلدى. مىنېراللاشقان بەلۋاغنىڭ ئۇزۇنلۇقى 200 مېتىر بولۇپ، 4 كان گەۋدىسى دائىرىگە ئېلىندى، ئەڭ كەڭ كان گەۋدىسى 15 مېتىرغا يېتىدۇ. مىسنىڭ ئەڭ يۇقىرى سورتى %2.06كە يېتىدۇ.

سارقوبى - تېمىرتى كان رايونىنىڭ شەرقىدىن يېڭى قوغۇشۇن، سىنىك مىنېراللىق كان گەۋدىسى تېپىلدى، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1400 مېتىر، قېلىنلىقى 0.8 — 10.9 مېتىر كېلىدۇ، قوغۇشۇن سورتى 0.13% — 1.24% كە، سىنىك سورتى 0.3% — 1.67% كە يېتىدۇ. 1 نومۇرلۇق ئالتۇن كان بەلۋىغىنىڭ غەربىدىن بىر ئالتۇن كان گەۋدىسى يېڭىدىن تېپىلدى، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 400 مېتىردىن ئاشىدۇ، قېلىنلىقىنىڭ ئۆزگىرىشى ناھايىتى زور بولۇپ، 0.6 — 1.5 مېتىر كېلىدۇ، ئالتۇن سورتى ئادەتتىكىدەك بولۇپ، $3\times10^{-6}$—$5\times10^{-6}$ گە باراۋەر كېلىدۇ، ئەڭ يۇقىرى بولغانلىرىنىڭ $16.25\times10^{-6}$ گە باراۋەر كېلىدۇ. ئالتۇن كان گەۋدىسى خلورىتلىق تارشا جىنس بىلەن كالتسىيلىق قۇمتاش ئۇتاشقان يېرىدىن چىقىدۇ. رۇدا تەركىبلىك جىنسلار شېكەر دانىسىمان كۋارتس تومۇرى ۋە دىئوپسىد ھەمدە ترېمولىتلىق سكارنىلاردىن تەركىب تاپقان، مىنېراللىشىپ ئۆزگىرىش ئارقىلىق قوڭۇر تۆمۈر رۇدىسى، كرېمنىي رۇدىسى، سېرىق تۆمۈر رۇدىسىغا ئايلانغان.

چاشا Cu، Au مىنېراللىق بەلۋاغنىڭ غەربكە سوزۇلغان بۆلىكىدە، تەكشۈرۈش ئوقۇرى قۇرۇلۇشى ئارقىلىق يېڭىدىن 2 ئالتۇن (مىس) مىنېراللىق بەلۋاغ تېپىلدى. مىنېراللاشقان گەۋدىسى داتسىتلىق ئۇۋاق كرىستاللىق تۇف بىلەن خلورىتلىق تارشا جىنسلاردىن ھاسىل بولغان ئۆتكۈنچى بەلۋاغقا جايلاشقان. مىنېراللاشقان بىر بەلۋاغ داتسىتلىق ئۇۋاق كرىستاللىق تۇف تەركىبىدىكى دالاشپاتى، كۋارتس، باريت، خلېيۇرىت، ئېپىدوت تومۇرىدىن تەركىب تاپقان، يەر ئۈستىدىن مالاخىت رۇدىسى، سېرىق تۆمۈر رۇدىسىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بۇ بەلۋاغنىڭ ئۇزۇنلۇقى 700 مېتىردىن ئاشىدۇ، كەڭلىكى 0.5 — 2 مېتىر كېلىدۇ، ئېرىقچە ئويۇپ ئېلىنغان ئەۋرىشكىلەرنى ئانالىز قىلغاندا، ئالتۇن سورتى $0.47\times10^{-6}$—$1.81\times10^{-6}$ گە، ئەڭ يۇقىرى بولغانلىرىنىڭ $11.18\times10^{-6}$ گە، مىس سورتى 0.21% — 2.53% گە يېتىدۇ. يەنە بىر مىنېراللاشقان بەلۋاغ خلورىتلىق سېرىكتولىت كۋارتسلىق تارشا جىنس ئارىسىدىكى قوڭۇر تۆمۈر رۇدىسى، كرېمنىيلىق ئۆزۈندى دائىرىسىدىن چىقىدۇ، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 400 مېتىر، كەڭلىكى 1 ~ 2 مېتىر كېلىدۇ، ئالتۇن سورتى $0.43\times10^{-6}$—$1.46\times10^{-6}$ گە، مىس سورتى 0.12% — 0.19% كە يېتىدۇ.

3. تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ كەسىپلەشتۈرۈلۈشى

«915 — 96» تەتقىقات تۈرىدە پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنىڭ كەسىپلىشىشىنى چۆرىدىگەن ھالدا كۆپلىگەن خىزمەتلەر ئىشلەندى، ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ تەكشۈرۈشكە باھا بېرىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈپ سىناق قىلىش جەھەتتە خۇشاللىنارلىق قەدەم تاشلاندى.

1999 - يىلى تارىم نېفىتلىكىدىكى 3 نېفىت قۇدۇقىدا تاللانغان سېئولىتتىن بۇرغىلاش - قۇدۇقنى مۇستەھكەملەش ماتېرىيالى ياساش بويىچە بىرىم سانائەت سىنىقى ئېلىپ بېرىلىپ، كۆڭۈلدىكىدەك ياخشى نەتىجە ھاسىل قىلىندى. سېئولىت ماتېرىياللىرىنى نېفىت بۇرغىلاشقا ئىشلەتكەندە، سېمونتنى 30% — 50% گىچە تېجەپ قالغىلى بولىدۇ، ئۇ كۆرۈنەرلىك ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئىگە.

جۇڭگو - ئاۋستىرالىيە ھەمكارلىقىدىكى جۇڭخۇا - ئاۋستىرالىيە كانچىلىق كەسپىي تەكشۈرۈش بۆلۈمى داۋاملىق تۈردە ئىلى ۋىلايىتىنىڭ تورا سۇ ئويمانلىقىدا خەۋپ - خەتەرگە قارىماي ئالتۇن تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئېلىپ باردى. 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر 20 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ئىرمىندى، جىڭشى، چاپقانجوتا ئالتۇن كانلىرىنى بۇرغىلاپ تەكشۈردى ۋە يەر ئۈستىدىن كان ئىزدىدى، جەمئىي 12 تۆشۈك قازدى. مېتىراژى 2500 مېتىرغا يەتتى، بۇرغىلاپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق خېلى كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، بۇ بىر نەچچە كاننىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتىش ئىستىقبالىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

4. جۇڭگو — ئامېرىكا، جۇڭگو — فرانسىيە ھەمكارلىشىپ كوئېنلۇن — ئالتۇنتاغ تۈزۈلمىسىنىڭ تەدرىجىي ئۆزگىرىشىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە دەسلەپكى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

جۇڭگو گېئولوگىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى گېئو مېخانىكا تەتقىقات ئورنى بىلەن ئامېرىكا كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى لوس — ئانژېلېس شۆبە مەكتىپى قاتارلىق ئورۇنلار ئالتۇنتاغ بېرىلما سىستېمىسى شەكىللىنىپ تەدرىجىي ئۆزگىرىشىنىڭ چىڭخەي — شىزاڭ ئېگىزلىكىنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن بولغان تارىخىي مۇناسىۋىتى ئۈستىدە ھەمكارلىقنى قانات يايدۇردى. بۇ ھەمكارلىق تەتقىقاتى دۆلەت «305» تەتقىقات تۈرى ۋە ئامېرىكا فوندى جەمئىيىتىنىڭ تۈرلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ مەبلەغ ياردەم بېرىشكە ئېرىشتى. 2 يىلدىن بۇيان ھەمكارلىشىپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق دەسلەپكى تەتقىقات نەتىجىلىرى قولغا كەلتۈرۈلدى. غەربىي كوئېنلۇندىكى ئۇرۇلۇپ ئۈززۈلۈش ھەرىكىتى ۋە ئالتۇنتاغدىكى سول يۆرۈشلۈك سىيرىلىش ھەرىكىتى چىڭخەي — شىزاڭ ئېگىزلىكى شىمالىي چېتىنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتىۋېتىشتە مۇھىم تەڭشەش رولىنى ئوينىغان، ئالتۇنتاغنىڭ جەنۇبىي بۆلىكىدىكى 240 كىلومېتىردىن 360 كىلومېتىرغىچە بولغان دائىرىنىڭ سىيرىلىپ سىلجىشى ئاساسەن غەربىي كوئېنلۇن ئۇرۇلمىلىق ئۈزۈك بەلۋاغدىكى يەر پوستىنىڭ قىسقىراپ سۈمۈرۈلۈشى ئارقىلىق پەيدا بولغان؛ غەربىي كوئېنلۇن ئالدى

قۇرۇقلۇقنىڭ تېز سۈرئەتتە چۆكۈشى ۋە ئالتۇنتاغدىكى چوڭ تىپتىكى سىيرىلمىلارنىڭ ھەممىسى دەسلەپكى تەدرىجىي يېڭىلىنىش ئېپوخاسى 30Ma — 37Ma دە كۆرۈلگەن بولۇپ، چىڭخەي ـ شىزاڭ ئېگىزلىكىنىڭ تېز سۈرئەتتە پەسىيىش ـ كۆتۈرۈلۈش قەدىمى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشىشىپ كېتىدۇ، چىڭخەي — شىزاڭ ئېگىزلىكىنىڭ شىمالىي چېتىدىكى مىئوتسېن ئېپوخاسىدا ئاساسلىق سوبۇلۇش تەسىرى كۆرۈلگەن؛ قەدىمكى يەر ماگنىتى تەتقىقاتى ئارقىلىق، يېڭى ھايات ئېراسىدا غەربىي كۇئېنلۇندىكى يەر بۆلەكلىرى 19.3°±8.6° بولغان سائەت ئىسترېلكىسى بويىچە ئايلىنىشنى باشتىن كەچۈرگەنلىكى بايقالدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئالتۇنتاغ رايونىدىن ئەھمىيەتلىك بولغان بىر تۈركۈم ئالتۇن ـ مىس رۇدا ئۇچۇرلىرى تېپىلدى.

جۇڭگو گېئولوگىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى گېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى بىلەن فرانسىيە دۆلەت پەن تەتقىقات مەركىزى ئالتۇنتاغ يېرىلمىلىق تۈزۈلمە بەلۋېغىنى ۋە ئۇنىڭ چىڭخەي ـ شىزاڭ ئېگىزلىكىنىڭ پەسىيىش ـ كۆتۈرۈلۈشى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ھەمكارلىشىپ تەتقىق قىلىش جەھەتتە مۇھىم ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈردى؛ ئالتۇنتاغنى تارىمنىڭ تۇراقلىق پلاتفورما چەت گىرۋىكىنىڭ پەسلەنمىسى ۋە كۆتۈرۈلمىسى قىلىش كېرەك، دەيدىغان ئەنئەنىۋى كۆز قاراش ئۆزگەرتىلىپ، ئالتۇنتاغ — چىلىيەن دەسلەپكى قەدىمكى ھايات ئېراسىغا تەۋە قۇرۇقلۇق ياقىسى تىپىدىكى ئوكيان چۆكمىسىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكى، ئالتۇنتاغنىڭ ئومۇمەن چىلىيەنشەن تېغى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان تۈزۈلمىلىك شەكىلگە ئىگە ئىكەنلىكى ئېتىراپ قىلىندى؛ ئالتۇنتاغ يېرىلما سىستېمىسى مەزمۇت قۇرۇقلۇق پوستى (تارىم يەر بۆلىكى) ۋە ئەۋرىشىملىق قۇرۇقلۇق پوستى (چىلىيەن يەر پوستى) نىڭ ئۆتكۈنچى بەلۋېغىغا جايلاشقان بولۇپ، چىڭخەي — شىزاڭ ئېگىزلىكىنىڭ كېيىنكى قۇرۇقلۇق قىسمى ھېسابلىنىدۇ، ئۇ، قۇرۇقلۇق بىلەن قۇرۇقلۇقنىڭ سوقۇلۇپ ئالماشقان يېرىلما قاتلىمى بولۇپ، ئۈستىگە شۇڭغۇش — سول يۆرۈشلۈك سىيرىلىشتەك خۇسۇسىيەتكە ئىگە؛ ئالتۇنتاغنىڭ جەنۇبىي ياقىسىدىكى يېرىلمىلار بۆلەكلەر بويىچە يېرىلىش، بۆلەكلەر بويىچە داۋاملىشىش، تەدرىجىي كېڭىيىشتەك ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىغا ئىگە. ئۇنىڭ شەكىللىنىش مېخانىزمى تارىم يەر بۆلىكىنىڭ جەنۇبقا قاراپ ئاستىغا شۇڭغۇش ۋە چىڭخەي — شىزاڭ ئېگىزلىكى مەركىزىي قىسمىنىڭ بىر پۈتۈن ھالدا شىمالغا قاراپ ئىسسىقلىقتىن پەسىيىپ كېڭىيىش رولى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. تەتۈر ئۆزۈلۈش بىلەن مەركىزىي قىسمىدىكى ئىسسىقلىق تۈزۈلمە ھادىسىلىرى كۈچلۈك باغلىنىشچانلىققا ئىگە.

ۋاڭ يۈ

## «305» تەتقىقات ئورنىنىڭ گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈشكە دائىر 7 تارماق تېمىسى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى

«305» تەتقىقات ئورنىنىڭ گېئو خىمىيىلىك تەكشۈرۈشكە دائىر تارماق تېمىسىنى ئۈستىگە ئالغان شىنجاڭ گېئولوگىيە ـ قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش ـ ئېچىش ئىدارىسى 1 ـ رايون دائىرىلىك گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش چوڭ ئەترىتىنىڭ (04 — 04 — 05) تارماق تېمىسى ۋە شىنجاڭ گېئولوگىيە ـ قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش ـ ئېچىش ئىدارىسى گېئوفىزىكىلىق ـ گېئوخىمىيىلىك كان ئىزدەش ـ تەكشۈرۈش چوڭ ئەترىتىنىڭ (05 — 05 — 05) تارماق تېمىسى، شىنجاڭ رەڭلىك مېتال گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئىدارىسى گېئوفىزىكىلىق تەكشۈرۈش چوڭ ئەترىتىنىڭ (04 — 03 — 05) تارماق تېمىسى، جىياڭشى گېئولوگىيە ـ قېزىلما بايلىقلار ئىدارىسى گېئوفىزىكىلىق تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ (05 — 03 — 05) تارماق تېمىسى، شەنشى گېئولوگىيە ـ قېزىلما بايلىقلار ئىدارىسى رايون دائىرىلىك گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش تەتقىقات يۇرتىنىڭ (04 — 01 — 01، 01 — 04 — 01، 06 — 03 — 05) تارماق تېمىسى 1999 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىن 22 ـ كۈنىگىچە ۋە 3 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىن 26 ـ كۈنىگىچە شىنجاڭنىڭ سانجى شەھىرىدە ۋە شەنشى ئۆلكىسى شيەنياڭ شەھىرىدە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى. 7 تارماق تېمىدا جەمئىي 1:200000 ماسشتابلىق گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈشكە دائىر 9 خەرىتە ئىشلەپ چىقىلدى، ئۇنىۋېرسال گېئوخىمىيىلىك نورمالسىز جايدىن 192 سى دائىرىگە ئېلىندى، 1:50000 ماسشتابلىق خەرىتىگە گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈلگەن 700 كۋادرات كىلومېتىردىن كۆپرەك دائىرە چۈشۈرۈلدى، چوقال قاتارلىق كۆپ جايلاردىن كان تېپىلىدىغان نىشانلىق رايون بايقالدى. بۇنىڭ بىلەن، يېڭى بىر نۆۋەتلىك قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئاساس ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئېتىلدى.

ۋاڭ يۈ

## شىنجاڭ يېڭى بىر نۆۋەتلىك زېمىن ـ بايلىق، كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈلىدىغان ئۆلكە ـ رايونلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى

1999 ـ يىلى زېمىن بايلىق مىنىستىرلىكى شىنجاڭدا يېڭى بىر نۆۋەتلىك زېمىن بايلىقنى كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈش خىزمىتىنى يولغا قويدى. شىنجاڭدا كۆپ مىقداردا دۆلەتنىڭ ئاساسىي خاراكتېرلىك، جامائەت پاراۋانلىقى خاراكتېرلىك، ئىستراتېگىيىلىك گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خىزمىتىنى

قانات يايدۇرۇپ، 57 تۈرنى يولغا قويدى، دۆلەت كەلگۈسىدە تەكشۈرۈش خىراجىتى ئۈچۈن 61 مىليون 210 مىڭ يۈەن (باشقا ئۆلكىلەردىكى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش قوشۇنلىرىنىڭ شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان كەلگۈسىدە تەكشۈرۈش تۈرلىرى ۋە خىراجىتى بۇنىڭ سىرتىدا) مەبلەغ سالدى. بۇ، رايون دائىرىلىك گېئولوگىيە، رايون دائىرىسىدە گېئوفىزىكىلىق تەكشۈرۈش، رايون دائىرىسىدە گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈش، رايونلۇق گىدروگېئولوگىيە، قۇرۇلۇش گېئولوگىيىسى، مۇھىت گېئولوگىيىسى، ئاپەت گېئولوگىيىسى ۋە شەھەرلەرنى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش، گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلار پەن تەتقىقاتى قاتارلىقلارغا چېتىلغان بولۇپ، غەربىي رايوننى كەلگۈسىدە ئېچىش ئۈچۈن بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇشنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلىدى، شىنجاڭنى مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن، يېڭى بىر نۆۋەتلىك زېمىن - بايلىق كەلگۈسىدە تەكشۈرۈلىدىغان ئۆلكە - رايونلارنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ قالدى.

خۇ جيەنۋېي، جاڭ ۋېيجۇ

## گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىدارىسى خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىدارىسى 1999 - يىلى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون چۈشۈرگەن تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇندىدى.

1. يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىشلىتىش قىممىتىگە ئىگە ئالتۇن كان قېزىلما بايلىقى بار 4 جاي بايقالدى.

2. يېڭىدىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىق زاپىسى (يەر ئاستى سۈيىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) مۇنۇلار: كۆمۈر 15 مىليون 60 مىڭ توننا، كۆپمە توپا 22 مىليون 970 مىڭ رۇدا توننا، گىپس 2 مىليون 900 مىڭ رۇدا توننا، سېمونتقا ئىشلىتىلىدىغان ھاك تاش 6 مىليون 940 مىڭ رۇدا توننا، يەر ئاستى سۈيىنى ئېچىش مىقدارى كۈنىگە 1 مىليون 77 مىڭ كۇب مېتىر.

3. ھەرخىل گېئولوگىيىلىك دوكلاتتىن 46 نى تاپشۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە قاتتىق جىسىملىق كان بايلىقىنى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشكە دائىر دوكلات 28، گىدرولوگىيە، قۇرۇلۇش، مۇھىتنى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشكە دائىر دوكلات 6، رايون دائىرىلىك گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشكە دائىر دوكلات 4، فىزىكىلىق - خىمىيىلىك تەكشۈرۈشكە دائىر دوكلات 6، باشقىلارغا دائىر دوكلات 2.

4. ئۆل گېئولوگىيىسى خىزمىتىنى ئورۇنداش ئەھۋالى مۇنداق بولدى؛ 1:50000 ماسشتابلىق خەرىتىگە رايونلار بويىچە گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈلگەن 1857 كۋادرات كىلومېتىر دائىرە چۈشۈرۈلدى، 1:250000 ماسشتابلىق خەرىتىگە رايونلار بويىچە گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈلگەن 5731 كۋادرات كىلومېتىر دائىرە چۈشۈرۈلدى، 1:50000 ماسشتابلىق خەرىتىگە گىدروگېئولوگىيىلىك ئۆلچەنگەن 3392 كۋادرات كىلومېتىر دائىرە چۈشۈرۈلدى، 1:100000 ماسشتابلىق خەرىتىگە گىدروگېئولوگىيىلىك ئۆلچەنگەن 11 مىڭ 300 كۋادرات كىلومېتىر دائىرە چۈشۈرۈلدى، 1:250000 ماسشتابلىق خەرىتىگە مۇھىت گېئولوگىيىلىك ئۆلچەنگەن 56 مىڭ 920 كۋادرات كىلومېتىر دائىرە چۈشۈرۈلدى، 1:50000 ماسشتابلىق خەرىتىگە گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈلگەن 4122 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىنىڭ تەسۋىرىي يۈزى چۈشۈرۈلدى، 1:100000 ماسشتابلىق خەرىتىگە گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈلگەن 2859 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىنىڭ تەسۋىرىي يۈزى چۈشۈرۈلدى. 1:200000 ماسشتابلىق خەرىتىگە گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈلگەن 10 مىڭ 51 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىنىڭ تەسۋىرىي يۈزى چۈشۈرۈلدى.

5. ماشىنا ئارقىلىق كېرىن بۇرغىلاپ تەكشۈرۈش مېتىراژى 96 مىڭ 200 مېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خام چوت ئىچىدىكى مېتىراژى 32 مىڭ 600 مېتىر، ھەربىر بۇرغىلاش سۈپىتىنىڭ ئوتتۇرىچە ئايلىق ئىش ئۈنۈمى 395 مېتىرغا، تۆشۈكلەرنىڭ سۈپەتلىك بولۇش نىسبىتى %91.4كە يەتتى.

6. ئاساسىي قۇرۇلۇشقا 50 مىليون 470 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، قۇرۇلۇش كۆلىمى 96 مىڭ 100 كۋادرات مېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تۇرالغۇ ئۆي 90 مىڭ 600 كۋادرات مېتىر، پۈتكەن قۇرۇلۇش كۆلىمى 60 مىڭ 100 كۋادرات مېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تۇرالغۇ ئۆي 59 مىڭ 400 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 828 ئۆيلۈك ئىشچى - خىزمەتچى يېڭى ئۆيگە كۆچتى.

7. مەھسۇلات قىممىتى 562 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئاجرىتىپ بەرگىنى 170 مىليون يۈەن، ئۆتكەنۇبىرسال پايدا نىسبىتى %1.4كە يەتتى، خام چوت ئىچىدە ئاجرىتىپ بېرىلگەن كىرىم بىلەن تاشقى كەسپىي پائالىيەتتىن كىرگەن كىرىمنىڭ نىسبىتى 61:39 بولدى.

گو لەنزەي، تاڭ جيەنيۈن

## گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش قوشۇنى يەرلىكنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى

«گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭنىڭ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش

قوشۇنلىرىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش لايىھىسىنى تارقاتقانلىق توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى»نىڭ روھىغا ئاساسەن، 1999 - يىل 6 - ئاينىڭ 23 - كۈنى زېمىن بايلىقى مىنىستىرلىكى بىلەن ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى سابىق گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلار مىنىستىرلىكىگە تەۋە بولغان شىنجاڭدىكى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش قوشۇنىنى يەرلىكنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئىشى ئۈستىدە سۆھبەت ئۆتكۈزدى، گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش قوشۇنلىرىنى ئاپتونوم رايوننىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، يەنە ئاتالمىش قاتلام تۆۋەنگە چۈشۈرمەسلىكنى، سابىق گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلار مىنىستىرلىكى شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىدارىسىنى ش ئۇ ئا ر گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىدارىسى (قىسقارتىپ شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلار ئىدارىسى) قىلىپ ئۆزگەرتىشنى بېكىتتى. شىنجاڭدىكى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش قوشۇنى يەرلىكنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەندىن كېيىن، گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئورۇنلىرى ھازىر يولغا قويۇۋاتقان ئالاقىدار سىياسەتلەرنى داۋاملىق ئىجرا قىلىدۇ ھەمدە ئاپتونوم رايوننىڭ كەسپىي ئورۇنلىرىغا ئوخشاش سىياسەتلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ، پەيدىنپەي كارخانىچە باشقۇرۇشنى يولغا قويىدۇ، تەشكىلىي، كادىرلار، ئەمگەك مۇناسىۋەتلىرى ش ئۇ ئا ر تەشكىلات، كادىرلار، ئەمگەك تارماقلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە يەرلىك ئورۇنلاردىكى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدۇ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىگە ئوقۇشقا كىرىش، ئىشقا ئورۇنلىشىشتا يەرلىك ئورۇنلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر پەرزەنتلىرىنىڭ ئوقۇشقا كىرىش - ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدۇ؛ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى، داۋالىنىش سۇغۇرتىسى، تۇرالغۇ تۈزۈم ئىسلاھاتى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ كەسپىي ئورۇنلارغا قاراتقان بەلگىلىمىسى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. ياشانغانلارنىڭ كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ كەسپىي ئورۇنلارغا قاراتقان ياشانغانلارنىڭ كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى لايىھىسى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن بەلگىلىمە بويىچە بىر تۇتاش ھەل قىلىنىدۇ.

شى يىلى

## شىنجاڭنىڭ قېزىلما بايلىقلارنى ئېچىپ پايدىلىنىش ئەھۋالى

1998 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئېچىلغان ھەرخىل قېزىلما بايلىق 95 خىلغا، ئىشلەپچىقىرىلغان ھەرخىل رۇدا خام ئەشياسى 84 مىليون 697 مىڭ 600 توننىغا، مەھسۇلات قىممىتى 20 مىليارد 66 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇمىي سانائەت مەھسۇلات قىممىتىنىڭ %47.26نى ئىگىلىدى. 1997 - يىلدىكىگە قارىغاندا 1.02 پىرسەنت پوئىنتى ئاشتى، قېزىلما بايلىق قازمىچىلىقى ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا تۈۋرۈك كەسىپ بولۇپ قالدى. بۇنىڭ ئىچىدە رۇدا مەھسۇلات قىممىتى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان قېزىلما بايلىق تۈرىدىن نېفىت، تەبىئىي گاز، كۆمۈر، تۆمۈر، ئالتۇن، نىكېل، مىس، لىتىي، شور، تاش تۇز، تاشپاختا، ۋېرمىكۇلىت، سېمونتقا قوشۇلىدىغان ھاك تاشتىن ئىبارەت 13 خىلى بار، ئۇنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 19 مىليارد 594 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە رۇدا خام ئەشيا ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ %64.97نى ئىگىلىدى. يۇقىرىقى 13 خىل كان مەھسۇلاتى شىنجاڭنىڭ كانچىلىقىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئۈستۈنلۈككە ئىگە قېزىلما بايلىق تۈرى بولۇپ قالدى.

1998 - يىلى ئاپتونوم رايوندا قېزىلما بايلىقلارنى ئېچىشتا، نېفىت، تەبىئىي گاز، كۆمۈرنىڭ مەھسۇلات مىقدارى، مەھسۇلات قىممىتى ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە رۇدا خام ئەشيا ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ %57.92نى ئىگىلەپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشتا يېتەكچى قېزىلما بايلىق تۈرى بولۇپ قالدى. قارامېتال (تۆمۈر، مانگان، خروم، تىتان) ئىچىدە، تۆمۈر رۇدا مەھسۇلات مىقدارى 1 مىليون 588 مىڭ 700 توننىغا، مەھسۇلات قىممىتى 90 مىليون 187 مىڭ يۈەنگە يەتتى، قالغان قېزىلما بايلىق تۈرلىرىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى ناھايىتى ئاز بولۇپ، كۆلەم بولۇپ شەكىللەنمىدى. رەڭلىك مېتال (مىس، قوغۇشۇن، سىنك، نىكېل، ۋولفرام، قەلەي، مولىبدېن) ئىچىدە پەقەت مىس، نىكېلنىڭ رۇدا مەھسۇلات قىممىتى بىر قەدەر يۇقىرى (108 مىليون 850 مىڭ 600 يۈەن) بولدى، سىنك 2 - ئورۇندا تۇرىدۇ، باشقا قېزىلما بايلىق تۈرلىرى تېخى قېزىلمىدى. قىممەتلىك مېتاللاردىن بولغان ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىشتا ئاساسىي جەھەتتىن 1997 - يىلقى سەۋىيە ساقلاپ قېلىندى. ئاز ئۇچرايدىغان مېتال رۇدىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 1997 - يىلدىكى سەۋىيە بىلەن تەڭلەشتى، لېكىن مەھسۇلات قىممىتى %40 ئاشتى، بۇنىڭغا نىئوبىي، تانتال ساپ رۇدىسىنىڭ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى باھاسىنىڭ شىددەت بىلەن ئۆرلەپ كەتكەنلىكى سەۋەب بولدى ھەمدە بۇ ئارقىلىق خېلى ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. لېكىن دۇنيادىكى تۇزلۇق كۆللەردىن سۈزۈۋېلىنغان لىتىي ئەرزان خام ئەشياغا ئايلىنىپ قالغاندىن

بويان، لىتىيلىق تۇز زاۋۇتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ئىزچىل تۆۋەنلەپ كەتتى، خىمىيە سانائىتىنىڭ خام ئەشياسى قىلىنىدىغان مەدەنلەر ئىچىدە رۇدا خام ئەشيالىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى بىر قەدەر زور بولغانلىرىدىن پەقەت شور ۋە تاش تۇز بولۇپ، 1997 - يىلدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭ مەھسۇلات مىقدارى ۋە مەھسۇلات قىممىتى بىردىنلا تۆۋەنلەپ كەتتى، بۇنىڭغا شور بازارلىرى كاساتلىشىپ، تاش تۇزلارنى سىرتقا يۆتكەش خىراجىتى ھەددىدىن ئارتۇق يۇقىرى (پەقەت ئاپتونوم رايون دائىرىسىدىكى ئېھتىياجىنىلا قاندۇرالايدۇ) بولغانلىقى سەۋەب بولدى. مېتاللچىلىقنىڭ قوشۇمچە خام ئەشياسى قىلىنىدىغان مەدەنلەرنىڭ مەھسۇلات مىقدارى ناھايىتى ئاز بولدى، بۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مېتاللچىلىق سانائىتىدە پولات - تۆمۈرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا مېتاللچىلىق جەھەتتىكى ئاساسىي بوشلۇق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. قۇرۇلۇش ماتېرىيالى قىلىنىدىغان ۋە باشقا مېتاللوئىد مەدەنلەردىن 55 خىلى قېزىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە تاشپاختا، سېمونتقا قوشۇلىدىغان ھاك تاش، ۋېرمىكۇلىت، گرانىت تاشنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى خېلى زور بولۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە قېزىلما بايلىقلارنى ئېچىشنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ھېسابلىنىدۇ.

لى شۈبىن

## قېزىلما بايلىق تۆلەم پۇلى بېرىلىپ قوغدىلىدىغان تۈرلەرنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە قېزىلما بايلىقلارنى مۇھاپىزەت قىلىشقا دائىر تۈر تۇرغۇزۇش دوكلاتىدىن 57 سى يۇقىرىغا يوللاندى، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالاپ بېكىتىپ دەلىللىشى ۋە ش ئۇ ئا ر قېزىلما بايلىق تۆلەم پۇلى بېرىلىپ قوغدىلىدىغان تۈرلەرنى نازارەت قىلىش ئىشخانىسى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، 19 تۈرنى تۈر قىلىپ بېكىتىشنى مۇھاكىمە قىلىپ بېكىتتى، ئۇلارغا جەمئىي 33 مىليون 970 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. بۇلار ئىچىدە كان كارخانىلىرى ئۆزلىرى توپلايدىغىنى 19 مىليون 620 مىڭ يۈەن، قېزىلما بايلىقلارنى قوغداش تۈرىگە بېرىلگەن قوشۇمچە خىراجەتتىن 14 مىليون 350 مىڭ يۈەن ئىشلىتىلىدۇ.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون «ئاپتونوم رايوننىڭ قېزىلما بايلىق تۆلەم پۇلى بېرىلىدىغان قېزىلما بايلىقلارنى قوغداش مەخسۇس خىراجىتى تۈرلىرىنى باشقۇرۇشقا دائىر ۋاقىتلىق چارىسى» (مۇھاكىمە نۇسخىسى) نى تۈزۈپ چىقتى. 1998 - يىلى تەستىقلىنىپ چۈشۈرۈلگەن 12 تۈر نازارەت قىلىندى. ھەر قايسى تۈرلەرنىڭ ئىلگىرىلەش، قۇرۇلۇش سۈپىتى، مەبلەغنى ئىشلىتىش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى. 1999 - يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر تاماملانغان 4 تۈر تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى، 5 تۈر تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنىش ئالدىدا تۇرىدۇ، تاماملانمىغان 3 تۈر نازارەت قىلىندى، بىر تۈر ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ھەر قايسى تۈرلەرنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالى ئوڭۇشلۇق بولۇپ، قېزىلما بايلىقلاردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش ۋە ئۇنى قوغداش مەقسىتىگە يەتكەن. تۈرلەرنى نازارەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتى جەريانىدا، خىزمەتنى تارباغاتاي ۋىلايىتى، خوتەن ۋىلايىتى ۋە سانجى ئوبلاستلىق گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلار ئىدارىسىنىڭ خىزمەتنى بىر قەدەر ياخشى ئىشلىگەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى.

مىجىت، فۇ جۈن

## قېزىلما بايلىقلارنى ئېچىشنى نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش ئەھۋالى

1999 - يىلى زېمىن بايلىقى مىنىستىرلىكىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايوننىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، «ئاپتونوم رايوننىڭ كانچىلىق تەرتىپىنى تۈپتىن ياخشىلاش - تەرتىپكە سېلىش پىلانى» تۈزۈپ تارقىتىلدى، ئۇنىڭدا 2001 - يىلى كانچىلىق تەرتىپىنى تۈپتىن ياخشىلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىملىقى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرمۇ مۇناسىپ پىلانلارنى تۈزۈپ چىقتى. كانچىلىق تەرتىپىنى تۈزەش - تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، 8 - ئايدا ئاپتونوم رايون قوبۇقسار ناھىيىسىدە كانچىلىق تەرتىپىنى تۈپتىن ياخشىلاپ تۈزەش - تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى بويىچە نەق مەيدان تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى، بۇ قېتىمقى يىغىن ئاپتونوم رايوننىڭ تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىدە ناھايىتى زور تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. تۈزەش - تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق، كان ئىزدەش ھوقۇقىنى قانۇنسىز ئۆتۈنۈپ بېرىش دېلوسىدىن 2 سى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، كان قېزىش ھوقۇقى ماجىراسىدىن 232 سى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، كان قېزىش ئىجازەتنامىسىدىن 327 سى كۈچتىن قالدۇرۇلدى، كان قېزىش ئىجازەتنامىسى بولمىغانلاردىن 176 سى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، قىزىق نۇقتا بولۇپ قالغان كان رايونى ماجىراسىدىن 13ى ھەل قىلىندى، 400 تونىنا كان مەھسۇلاتى مۇسادىرە قىلىندى، 237 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇلدى، 4 كىشىگە جىنايى جازا بېرىلدى.

ئاپتونوم رايوننىڭ 1999 - يىللىق قېزىلما بايلىقلارنى ئېچىپ پايدىلىنىش ستاتىستىكا مەلۇماتى خىزمىتى ئىشلىنىپ بولدى، ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، 1999 - يىلى ئاپتونوم

رايوننىڭ كانچىلىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 18 مىليارد 364 مىليون يۈەن بولۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى بولغان 8 مىليارد 209 مىليون يۈەننىڭ %22.90نى ئىگىلىگەن.

ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت كان كارخانىسىدىن 531ى بولۇپ، يىللىق رۇدا مەھسۇلات مىقدارى 28 مىليون 461 مىڭ 500 توننىغا، مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 172 مىليون يۈەنگە، كەسپكار 73 مىڭ 605 كە يېتىدۇ. يېزا - بازارلاردىكى كوللېكتىپ، خۇسۇسىي كان كارخانىسى 2391 بولۇپ، يىللىق رۇدا مەھسۇلات مىقدارى 30 مىليون 474 مىڭ 400 توننىغا، مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 161 مىليون يۈەنگە، كەسپكار 67 مىڭ 508 گە يېتىدۇ.

شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى، تارىم نېفىت تەكشۈرۈش - ئېچىش قوماندانلىق شتابى، تۇرپان — قۇمۇل نېفىتلىكىنى تەكشۈرۈش - ئېچىش قوماندانلىق شتابى، تارىم دەرياسى جەنۇبىي نېفىتلىكىنى تەكشۈرۈش شىركىتى، جۇڭگو «يېڭى يۇلتۇز» نېفىت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسىنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقارغان نېفىت مەھسۇلاتى 17 مىليون 396 مىڭ 500 توننىغا، يىللىق ئىشلەپچىقارغان تەبىئىي گاز مىقدارى 3 مىليارد 106 مىليون كۇب مېتىرغا، نېفىت، تەبىئىي گاز ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 15 مىليارد 31 مىليون يۈەنگە يەتتى.

1999 - يىلى شىنجاڭ بويىچە كانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى سانائەت مەھسۇلات قىممىتىنىڭ %10 — %20نى ئىگىلىگەن ناھىيە (شەھەر) لەر 18 گە يەتتى، كانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى سانائەت مەھسۇلات قىممىتىنىڭ %21 — %50نى ئىگىلىگەن ناھىيە (شەھەر) لەر 13كە، كانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى سانائەت مەھسۇلات قىممىتىنىڭ %50تىن كۆپرەكىنى ئىگىلىگەن ناھىيە (شەھەر) لەر 13كە يەتتى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 15 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، 85 ناھىيە - شەھەردە يىللىق تەكشۈرۈش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. ئاپتونوم رايوندا دۆلەت ئىلكىدىكى نۇقتىلىق كاندىن 10ى بولۇپ، ھەممىسى يىللىق تەكشۈرۈلدى، يىللىق تەكشۈرۈش نىسبىتى %100 بولدى؛ يەرلىك دۆلەت كانلىرىدىن 521ى بولۇپ، يىللىق تەكشۈرۈلگىنى 486 گە، يىللىق تەكشۈرۈش نىسبىتى %93.3كە يەتتى، ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەن كان 382 بولۇپ، ئارىلاپ تەكشۈرۈش نىسبىتى %78.6 بولدى؛ كوللېكتىپ كاندىن 1706 سى بولۇپ، يىللىق تەكشۈرۈلگىنى 1646 گە، يىللىق تەكشۈرۈش نىسبىتى %96.5كە يەتتى، ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەن كان 1105 بولۇپ، ئارىلاپ تەكشۈرۈش نىسبىتى %67.1كە يەتتى؛ خۇسۇسىي كان ۋە باشقا كانلار 685 بولۇپ، يىللىق تەكشۈرۈلگىنى 665 كە، يىللىق تەكشۈرۈش نىسبىتى %97كە يەتتى، ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەن كان 407 بولۇپ، ئارىلاپ تەكشۈرۈش نىسبىتى %61كە يەتتى.

يىللىق تەكشۈرۈش ئارقىلىق، كانچىلىق تەرتىپىنى تۈزەش - تەرتىپكە سېلىش نەتىجىلىرى مۇستەھكەملەندى، ھەرخىل تىپتىكى كانلار ۋە خۇسۇسىلار قازغان كانلارنىڭ ھەممىسى ئىجازەتنامە ئېلىپ قازىدىغان بولدى، قېزىلما بايلىق مەھسۇلاتلىرىنى چېگرا ئاتلاپ قازىدىغان، ئېلىپ ساتىدىغان، ئىجارىگە بېرىدىغان ياكى باشقا شەكىللەر بىلەن ئۆتۈنۈپ بېرىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلمىدى، كان تەكشۈرۈش ھوقۇقىنى ئېلىپ ساتىدىغان، كان قېزىش ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ھەددى - ھېسابسىز پايدا ئالىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلمىدى، كان بايلىقىنى قالايمىقان ئېچىش، قالايمىقان قېزىشتەك قىلمىشلار توسۇپ قېلىندى. 1 مىليون 270 مىڭ يۈەن تۆلەم پۇلى تۆلىتىۋېلىندى، شەرتلەرگە ئۇيغۇن كەلمىگەن كانلارنىڭ كان قېزىش ئىجازەتنامىسىدىن 13ى كۈچتىن قالدۇرۇلدى، كان قېزىش شەرت - شارائىتلىرىنى ھازىرلىمىغان 26 كان تاقىۋېتىلدى.

مىجىت، فۇ جۈن

## قېزىلما بايلىق تۆلەم پۇلى بېرىلىدىغان گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش تۈرلىرىنىڭ نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولدى

1999 - يىلى ھەر قايسى تۈرلەرنى ئۈستىگە ئالغان ئورۇنلار خىزمەتلەرنى تۈر ۋەزىپىنامىسى ۋە تۈر لايىھىسىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش پىكىرنامىسى بويىچە قانات يايدۇردى. 7 - ئايدا گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە دائىر دوكلاتتىن 33نى تاپشۇردى، 12 - ئايدا 43 دوكلاتنىڭ تەكشۈرۈش نۇسخىسىنى تاپشۇردى. بۇ تۈرلەر كۆزلەنگەن مەقسەتكە يەتكەن بولۇپ، خېلى ياخشى گېئولوگىيىلىك كان تېپىش ئۈنۈمى قولغا كەلتۈرۈلدى.

ئالتۇن كان  ئالتاي شەھىرىدىكى سارقۇبى ئالتۇن كېنىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتە D دەرىجىلىك زاپىسى 2.539 توننا ئاشىدىغانلىقى دەسلەپكى قەدەمدە مۆلچەرلەندى، قابا ناھىيىسىدىكى توققۇزباي ئالتۇن كېنىنى تەكشۈرۈشتە D + E دەرىجىلىك زاپىسى 1.34 توننا ئاشىدىغانلىقى دەسلەپكى قەدەمدە مۆلچەرلەندى، پىچان ناھىيىسىدىكى شىيگىتەن ئالتۇن كېنىنى ۋە ئۇنىڭ سىرتقى دائىرىسىنى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتە L4 نومۇرلۇق كان گەۋدىسىدىكى D + E دەرىجىلىك ئالتۇن مېتال زاپىسى 1.67 توننا ئېشىپ، ئالتۇن كان زاپىسىنى 3.33 توننىغا يەتكۈزۈش ئىمكانىيىتى ھازىرلاندى. قابا ناھىيىسىدىكى دولاناساي

ئالتۇن كېنى D + E دەرىجىلىك 2.78 توننا ئالتۇن مېتال تاپشۇردى؛ بارىكۆل سۇر باستاۋ ئالتۇن كېنى D + C دەرىجىلىك ئالتۇن كان زاپىسىدىن 1.5 توننا تاپشۇردى؛ پىچان ناھىيىسىدىكى خارلا ئالتۇن كېنى 1.13 توننا ئالتۇن مېتالنى تەكشۈرۈپ چىقتى. يۇقىرىقى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش تۈرلىرىدە ئالتۇن مېتال مىقدارى جەمئىي 10.98 توننا ئاشقانلىقى، ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىسادىي قىممىتى ئازكەم 1 مىليارد يۈەنگە يېتىدىغانلىقى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى.

كۆمۈركان لوپ ناھىيىسىدىكى ئاچچىق دېگەن يەردىن كان تېپىلىپ، كۆمۈر زاپىسىدىن 200 مىڭ توننا تاپشۇرۇلدى؛ گۇما ناھىيىسىدىكى دوۋا ئاچچىقسۇ تاغ كۆمۈر كېنىدا D + C دەرىجىلىك 2 مىليون 820 مىڭ توننا كۆمۈر زاپىسى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى؛ كۇچا ناھىيىسىدىكى ئاغى كان رايونى مېتىق كۆمۈر كېنىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتە D + C + B دەرىجىلىك 19 مىليون 910 مىڭ توننا كۆمۈر زاپىسى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى، بۈگۈر ناھىيىسىدىكى يېڭىسار كۆمۈر كېنىدا 123 مىليون 740 مىڭ توننا كۆمۈر زاپىسى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى. ئىلى ۋىلايىتىدىكى پىلىچى ئۆستى ئوچۇق كۆمۈر كېنىدا B + A دەرىجىلىك 29 مىليون 340 مىڭ توننا كۆمۈر زاپىسى تەكشۈرۈلدى؛ ساۋەن ناھىيىسىدىكى يۈيشۈگۈ كۆمۈر كېنىدا D + C + B دەرىجىلىك 134 مىليون 690 مىڭ توننا كۆمۈر زاپىسى تەكشۈرۈلدى؛ تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى تېجىياگۇ كۆمۈر كېنىدا D + C دەرىجىلىك 10 مىليون 190 مىڭ توننا كۆمۈر زاپىسى تەكشۈرۈلدى؛ بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 8 - شى 142 - تۇەن كۆمۈر كېنىدا D + C دەرىجىلىك 8 مىليون 120 مىڭ توننا كۆمۈر زاپىسى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى. يۇقىرىدا تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان كۆمۈر كان زاپىسى جەمئىي تەخمىنەن 329 مىليون 10 مىڭ توننا بولۇپ، ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىسادىي قىممىتى 10 مىليارد يۈەنگە يېتىدۇ.

مېتاللوئىد ئاقسۇ شەھىرىدىكى سايلىق فوسفور كېتىدا D + C دەرىجىلىك 284 مىڭ توننا فوسفور زاپىسى قولغا كەلتۈرۈلدى؛ توقسۇن ناھىيىسىدىكى يۈيشۈگۈ سىمېكتىت كېنىدا D + C دەرىجىلىك 1 مىليون 510 مىڭ توننا رۇدا زاپىسى قولغا كەلتۈرۈلدى؛ خېجىڭ ناھىيىسىدىكى بايانغول فلىيوئورىت كېنى D + E دەرىجىلىك 240 مىليون 850 مىڭ توننا فلىيوئورىت زاپىسى تاپشۇردى؛ چاقىلىق ناھىيىسىدىكى تاشپاختا كېنىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتە تاشپاختا مىنېرال زاپىسى ئېشىپ 800 مىڭ توننىغا يەتكەن. قۇمۇل شەھىرىدىكى تۇزلۇق كالىيلىق سېلىترا كېنىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ماگنىتلىق دېڭىز تۇز كۆللىرىدىكى ئىشقارلىق سۇ تەركىبىدە بولىدىغان كالىيلىق ئىئون ۋە نىترات رادىكاللىق ئىئون بايقالدى، ئۇ، يەنىمۇ ئىشلىتىش قىممىتىگە ئىگە. چاقىلىق ناھىيىسىدىكى لوپنۇر كالىي تۇزلۇقىنى تۈنجى قېتىم قېزىش رايونى بۆلىكىدىكى يوشۇرۇن ئىشقارلىق سۇ كېنى گەۋدىسىنىڭ قېلىنلىقى، سورتىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىپ، كان گەۋدىسىنىڭ سۇلۇق خۇسۇسىيىتى ئىگىلىۋېلىنىپ، كالىيلىق تۇزلارنى ئېچىش ئۈچۈن ئاساس يارىتىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا 6 مىليون 440 مىڭ توننا گىپس رۇدا زاپىسى، 46 مىليون 170 مىڭ توننا ھاك تاش زاپىسى، 13 مىليون 170 مىڭ توننا سلانېتس رۇدا زاپىسى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى، گرانىت تاشلارنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتە 20 مىليون 560 مىڭ كۇب مېتىر تاشلاندۇق رۇدا زاپىسى تاپشۇرۇلدى.

گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈش تۈرلىرى ۋە كان ئىزدەش تۈرلىرى بۇ تۈرلەردە بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى سۇر قۇدۇق رايونىدىكى ئالتۇن كانىنىڭ نورماللىسىزلىقىنى تەكشۈرۈشتە، مىنېراللىشىپ ئۆزگەرگەن 4 بەلۋاغ ۋە 2 ئالتۇن مىنېراللىق نۇقتىسى تېپىلدى، كۆپ جايلاردا ھەربىر توننا رۇدىنىڭ ئالتۇن تەركىبى بىر گرامدىن ئاشىدۇ، ئالتۇن تەركىبى ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 1.17 گرامغا يېتىدۇ. ئارا تۈرۈك ناھىيىسىدىكى دۆڭۋۇزى ئالتۇن كېنىنى تەكشۈرۈشتە، يېڭىچە ئالتۇن كېنى يېڭىدىن بايقالدى. ئالتۇن مىنېراللىق بەلۋاغنىڭ ئۇزۇنلۇقى 15 كىلومېتىر، كەڭلىكى 20 — 100 مېتىر كېلىدۇ، ئالتۇن تەركىبى 0.41 گرام/توننىدىن 4.18 گرام/توننىغا يېتىدۇ. نىلقا ناھىيىسىدىكى داۋان داۋا بۇلاق ئالتۇن كېنىدىكى نورماللىسىزلىقنى تەكشۈرۈپ دەلىللەشتە، رۇدا تەركىبلىك ئۆۋالغان بەلۋاغدىن 4ى ئۇچرىدى، ئۇنىڭ ئالتۇن تەركىبى 1.7 گرام / توننىدىن 13.21 گرام/توننىغا يېتىدۇ.

لاڭ جىجۇن، ساۋ جيەنجۇن

## قېزىلما بايلىق تۈلەم پۇلىنىڭ يىغىۋېلىنىش ئەھۋالى

1999 - يىلى زېمىن بايلىقى مىنىستىرلىكىنىڭ ئاپتونوم رايونغا چۈشۈرگەن قېزىلما بايلىق تۈلەم پۇلىنى يىغىۋېلىش كۆرسەتكۈچى 64 مىليون يۈەن بولدى. ئاپتونوم رايون ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، يىلنىڭ بېشىدىلا ھەر قايسى جايلارنىڭ كانچىلىق ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەھۋالىغا ۋە كانچىلىق كارخانىلىرىنىڭ ستاتىستىكا يىللىق سانلىق مەلۇماتىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايون بويىچە يىغىۋېلىپ خەزىنىگە تاپشۇرۇش كۆرسەتكۈچىدىن 70 مىليون يۈەن چۈشۈردى، بۇلار ئىچىدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ 51 مىليون يۈەن، ۋىلايەت،

ئوبلاست، شەھەر دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ 19 مىليون يۈەن بولدى. ھەر قايسى ئورۇنلار ۋەزىپىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ناھىيە (شەھەر) لەرگە تەقسىم قىلدى، كۆرسەتكۈچ ۋەزىپىسى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى، مەسئۇلىيەت كىشى بېشىغىچە ئەمەلىيلەشتۇرۇلدى. مۇشۇ بىر يىلدا 5 چوڭ نېفىت كارخانىسى ۋە چوڭ - ئوتتۇرا دۆلەت كانچىلىق كارخانىلىرىنىڭ تۆلەم پۇلىنى يىغىۋېلىش خىزمىتى ئۇقتىلىق تۇتۇلدى، يىغىۋېلىپ خەزىنىگە كىرگۈزۈش نىسبىتى %80 تىن ئاشتى.

4 - ئايدا ئېچىلغان ئاپتونوم رايونلۇق گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلار خىزمىتى يىغىنىدا، 1997 - يىللىق، 1998 - يىللىق تۆلەم پۇلىنى يىغىۋېلىش خىزمىتى خۇلاسىلەندى، سېلىشتۇرۇپ باھالاش ئارقىلىق قېزىلما بايلىقلار نازارىتىنىڭ كان باشقارمىسى قاتارلىق 21 ئىلغار ئورۇن ۋە لى چۈنمىڭ قاتارلىق 28 ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى. 7 - ئايدا ساۋەن ناھىيىسىدە ئاپتونوم رايون بويىچە تۆلەم پۇلىنى يىغىۋېلىش خىزمىتى تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئېچىلدى.

مۇشۇ يىلدا 16 ۋىلايەت، ناھىيىدىكى گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلار تارماقلىرى خىزمەت ئاپتوموبىللىرىنى يېڭىلىدى، 39 ۋىلايەت، ناھىيىگە كومپيۇتېر سەپلەپ بېرىلدى، تۆلەم پۇلى يىغىش خىزمىتىگە 16 مىليون 130 مىڭ يۈەن قوشۇمچە خىراجەت ئاجرىتىپ بېرىلدى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يىغىۋېلىنىپ خەزىنىگە تاپشۇرۇلغان تۆلەم پۇلى 90 مىليون يۈەنگە يېتىپ، دۆلەت چۈشۈرگەن ۋەزىپە كۆرسەتكۈچى %140.6 ئورۇندالدى. بۇلار ئىچىدە ش ئۇ ئا ر ھەق يىغىش ئورگىنى بىۋاستە يىغقان نېفىت - تەبىئىي گاز تۆلەم ھەققى 70 مىليون 916 مىڭ 200 يۈەنگە، ۋىلايەت، ناھىيىلىك ھەق يىغىش ئورگانلىرى يىغقان قاتتىق جىسىم قېزىلما بايلىق تۆلەم ھەققى ۋە باشقا قېزىلما بايلىق تۆلەم ھەققى 19 مىليون 83 مىڭ 800 يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىگە قارىغاندا 19 مىليون 900 مىڭ يۈەن كۆپ يىغىۋېلىنىپ غەزىنىگە تاپشۇرۇلدى.

لى چۈنمىڭ، فۇ جۈن

## شەرقىي تەڭرىتاغدىكى چۆل - باياۋان بىلەن قاپلانغان رايوننى كېسىپ ئۆتۈپ گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات

بۇ تۈر 1999 - يىل 9 - ئايدا يولغا قويۇش باسقۇچىغا قەدەم قويدى، ئۇ، شىنجاڭدا گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈش خىزمىتىدە يېڭى قەدەم تاشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

بۇ تۈر زېمىن بايلىقى مىنىستىرلىكى يولغا قويغان دۆلەتنىڭ تۈنجى تۈركۈمدىكى گېئولوگىيىلىك چوڭ تەكشۈرۈش جۈملىسىدىكى ئاساسىي تۈر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، بۇ تۈرنى يولغا قويۇشقا زېمىن بايلىقى مىنىستىرلىكى لاڭفاڭ گېئوفىزىكىلىق - خىمىيىلىك تەكشۈرۈش تەتقىقات تۈرى باشچىلىق قىلدى، شىنجاڭ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش يۈرتى قاتناشتى. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتىنىڭ مۇددىتى 1999 - يىلدىن 2000 - يىلغىچە بولۇپ، خىزمەت دائىرىسى يۈتكۈل تەڭرىتاغدىكى تەخمىنەن 150 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر رايوننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، شەرقىي تەڭرىتاغ رايونىدىكى ئالتۇن، مىس، نىكېل، مولىبدېن قاتارلىق مۇھىم كان مەھسۇلاتى چىقىدىغان بارلىق مىنېراللاشقان بەلۋاغلارنى قاپلايدۇ.

چوڭقۇر كېسىپ ئۆتۈپ گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈش ئۇسۇلى ئاساسەن، ئادەتتىكى گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈش ئۇسۇلىدىن پايدىلانغان تەقدىردىمۇ ياخشى ئۈنۈم ئالغىلى بولمايدىغان چۆل - باياۋان بىلەن قاپلانغان رايونلاردىكى چوڭ ۋە پەۋقۇلئاددە چوڭ كان ياتاقلىرىنى تەكشۈرۈشتە قوللىنىلىدۇ. بۇ بىر خىل ئۆلترا تۆۋەن زىچلىق ئالاھىدە گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈش ئۇسۇلى ھېسابلىنىدۇ.

شىنجاڭدا چۆللۈك رايونلارنى چوڭقۇر كېسىپ ئۆتۈپ گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈش ئىشى 1995 - يىلى باشلانغان بولۇپ، شۇ چاغدا تارىمنىڭ شىمالىي چېتىدىكى قۇرۇق تاغدىن تۇرپان - قۇمۇلنىڭ جەنۇبىي چېتىدىكى لىنىيىنى بويلاپ بىر چوڭقۇر كېسىپ ئۆتكەن گېئوخىمىيىلىك كەسمە يۈزى ئۆلچەپ چىقىلغان ھەمدە خېلى ياخشى گېئوخىمىيىلىك ئۇچۇر قولغا كەلتۈرۈلگەنىدى. بۇ قېتىمقى چوڭقۇر كېسىپ ئۆتۈپ گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈش تەتقىقاتى يەنە مۇشۇ ئاساستا ئېلىپ بېرىلدى. شەرقىي تەڭرىتاغدىكى چۆل - باياۋان بىلەن قاپلانغان رايونلارنى چوڭقۇر كېسىپ ئۆتۈپ گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىش ئارقىلىق بۇ رايوننىڭ گېئوخىمىيىسىنى تەتقىق قىلىش ۋە تەكشۈرۈش دەرىجىسى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، چوڭ ۋە پەۋقۇلئاددە چوڭ كان ياتىقىغا دائىر گېئوخىمىيىلىك ئۇچۇرلار تېز قولغا كەلتۈرۈلۈپ، شەرقىي تەڭرىتاغ رايونىدىكى قېزىلما بايلىقلارنىڭ يوشۇرۇن كۈچىگە باھا بېرىلىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى چوڭ ۋە پەۋقۇلئاددە چوڭ يوشۇرۇن ۋە يېرىم يوشۇرۇن كان ياتىقىدىن گېئولوگىيىلىك كان ئىزدەشكە ۋە بۇنىڭغا دائىر خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئىستراتېگىيىلىك گېئوخىمىيىلىك ئاساس يەتكۈزۈپ بېرىلدى.

جۇاڭ داۋزى، لىيۇ تو

## غەربىي تەڭرىتاغنىڭ چاغاننۇر رايونىدىكى كان ياتىقىدا ھاسىل بولغان كان سىستېمىسى ۋە كان ھاسىل بولۇش مودېلى ئۈستىدە تەتقىقات

بۇ — شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىدارىسى قانات يايدۇرغان پەن تەتقىقات تۈرى. بۇ، شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىدارىسىنىڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلار تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئالغان تۈر بولۇپ، 1999 - يىل 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىدارىسى ئۇيۇشتۇرغان باھالاپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى. تەتقىقات تۈرىنىڭ نەتىجىسى ئاساسەن مۇنداق بولدى: بىرىنچى، رايون دائىرىلىك كان ھاسىل بولۇش قۇرۇلمىسىنىڭ مۇھىتى چوڭقۇر ئانالىز ۋە تەتقىق قىلىنغان، ئارالدۆڭ ئەۋرىشىملىق قايچىلانما بەلۋاغ ۋە ئاۋۇرالنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىدىكى ئىتتىرىلمە يېپىنچا تۈزۈلمە قاتارلىق مۇھىم رايون دائىرىلىك تۈزۈلمىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى شەرھلەنگەن ھەمدە ئۇنىڭ رۇدىلىشىش خۇسۇسىيىتى ئۈستىدە خۇلاسە چىقىرىلغان ۋە ئۇلار ئانالىز قىلىنغان. تەتقىقات رايونىدا كان ھاسىل بولۇشنىڭ ئاساسىي گېئولوگىيىلىك شارائىتى ۋە ئۇنىڭ گېئوخىمىيىلىك خۇسۇسىيىتى ئەتراپلىق تەپسىلىي بايان قىلىنغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، نورمالسىز ئېلېمېنتلارنىڭ بىرىكىش ۋە ماكانغا تارقىلىش قانۇنىيىتىگە ئاساسەن، مۇۋاپىق ھالدا 8 بىرىكمە نورمالسىز بەلۋاغ ئايرىپ چىقىلغان. تۈزۈلمىلەرنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە چاغاننۇر رايونىدىكى دەسلەپكى پېرم ئېپوخاسىغا تەۋە بولغان ئەكسىن داۋان يانار تاغ گۈمبەز تۈزۈلمىسى ئۈستىدە پېترولوگىيە، پېتروخىمىيە، سىرەك يەر ئېلېمېنتى ۋە مىكرو ئېلېمېنت قاتارلىقلارغا دائىر نۇقتىلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان، يانار تاغ قۇرۇلمىسىنىڭ شەكىللىنىش مېخانىزمى مۇھاكىمە قىلىنغان، ئۇنىڭ كان ھاسىل بولۇش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بايان قىلىنغان، ھالقىسمان ھالەتتىكى يېرىلمىلار بىلەن رادىئاللىق يېرىلمىلار كېسىشكەن جاينىڭ ئۆزى كان ھاسىل بولۇشقا پايدىلىق جاي ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئىككىنچى، كان ھاسىل بولۇش سىستېما نەزەرىيىسىدىن پايدىلىنىپ، سىرەك، مىكرو ئېلېمېنت، تۇراقلىق ئىزوتوپ قاتارلىقلارغا دائىر سېلىشتۇرما تەتقىقات ماتېرىياللىرىغا بىرلەشتۈرۈپ، چاغاننۇر رايونىدىكى كان ياتىقى (نۇقتىسى) بىر كان ھاسىل قىلىش سىستېمىسى يەنى ئىلى تاشكۆمۈر — پېرم-دەۋرى — چۆكۈندە رولى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان Fe,Cu,Pb,Zn,Au,Ag كان ھاسىل قىلىش سىستېمىسىغا كان ھاسىل قىلىدىغان 2 كەنجى سىستېما يەنى ئاستىنقى تاشكۆمۈر ئوتتۇرىغا تەۋە قاراجول تېغى گورۇپپىسىدىكى دېڭىز فاتسىيىلىك يانار تاغ — چۆكۈندە جىنس بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان Fe, Cu, Pb, Zn, Au قاتلىمى تىز گىننىدىكى سولفىدلىق كان ھاسىل قىلغۇچى كەنجى سىستېمىغا ۋە ئاستىنقى پېرم ئوتتۇرىلى قۇرۇقلۇق فاتسىيىلىك يانار تاغ — ئىككىلەمچى يانار تاغ جىنسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان Cu,Au كان ھاسىل قىلغۇچى كەنجى سىستېمىغا ۋە 7 كان ياتىقى مودېلىغا ئايرىپ چىقىلغان. ئۈچىنچى، چاغاننۇر رايونىنىڭ يانار تاغ ئېتىلما گاز چۆكۈندە تىپلىق كاللەك سولفىدلىق كان ياتىقىدا رايون دائىرىلىك كان ھاسىل بولۇش تۈلگىسى خۇلاسىلەپ چىقىلىپ، 4 ئورۇندا ئالتۇن - مىس بارلىقى كۆرسىتىلگەن ۋە بۇ رايوننىڭ كۆپ خىل مېتال رۇدىسى تېپىلىدىغان نىشانلىق رايون ئىكەنلىكى كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

گوڭ شياۋپىڭ، جاڭ ۋېيجۇ

## ئالتۇن مىنېراللىرى توپلاشقان 6 چوڭ رايوندىكى كان تېپىلىدىغان نىشانلىق رايونلارنىڭ سەرخىللىرىنى تاللاش ۋە باھا بېرىش لايىھىسىگە دائىر تەتقىقات دوكلاتى

بۇ تۈرنى شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىدارىسىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك مۇتەخەسسىس مەسلىھەتچىلەر گورۇپپىسى ئۈستىگە ئالغان، ئاپتونوم رايوننىڭ گېئولوگىيىلىك قېزىلما بايلىق ئەھۋالىنى پىششىق بىلىدىغان 5 مۇتەخەسسىس تەتقىقات خىزمىتىنى كونكرېت ئۈستىگە ئالغان. بۇ تۈر 1999 - يىل 3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىدارىسى ئۇيۇشتۇرغان باھالاپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى.

ئۇنىڭ ئاساسلىق نەتىجىسى مۇنداق: دوكلاتتا ئالتۇن مىنېراللار مەركەزلەشكەن 6 چوڭ رايون بىلەن جەنۇبىي تەڭرىتاغنىڭ غەربىي بۆلىكىنى گېئوفىزىكىلىق - خىمىيىلىك تەكشۈرۈشكە دائىر ھەرخىل ئۇنىۋېرسال ئۇچۇر ماتېرىياللىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك، سىستېمىلىق توپلاش ئاساسىدا، چوڭ كان ياتىقىنى نىشان قىلىپ، 6 چوڭ رايون ئىچىدىكى كۆپلىگەن ئېلېمېنتلارنىڭ نورمالسىزلىقى، كان نۇقتىسى، مىنېراللاشقان نۇقتىلار ۋە كان تېپىلىدىغان يىپ ئۇچىنى كۆپ مەنبەلىك ئۇچۇر ئارقىلىق ئانالىز قىلىپ، سەرخىللىرىنىڭ ئىچىدىن سەرخىللىرىنى تاللاش يولى بىلەن، 49 مۇھىم نىشانلىق رايون تاللاپ چىقىلغان. بۇلار ئىچىدە ئالتۇن كان 30، ئالتۇن - كۈمۈش كېنى بىر، ئالتۇن -

سۇرمە كېنى 4، سۇرمە كېنى 4، ئالتۇن - پلاتىنا كېنى بىر، سىماپ - سۇرمە كېنى بىر، قەلەي كېنى 3، قەلەي - مولىبدېندىن ئىبارەت سىرەك بەر مېتال كېنى بىر، كۆپ خىل مېتال كېنى 3، گۆھەر قاشتېشى كېنى بىر. 49 مۇھىم نىشانلىق رايون ئىچىدىن رەتكە تۇرغۇزۇش ئارقىلىق، بەلىنۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇھىملىرىنىڭ ئىچىدە مۇھىم بولغان 15 مۇھىم نىشانلىق رايون تاللاپ چىقىلىپ، رايون دائىرىلىك «بۇسۇش ئېغىزى» قىلىنغان. بۇ 2 قاتلام جەھەتتىكى مۇھىم نىشانلىق رايونلار شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىدارىسىنىڭ مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن كېلەر ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا مۇھىم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. ماكرولۇق ئىستراتېگىيە جەھەتتە «ئاساسلىق ھۇجۇمنى تەڭرىتاغقا قارىتىش، شىمالىي شىنجاڭنى تەكشۈرۈشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، كۇئېنلۇن — ئالتۇن تاغنى ئېچىش»تىن ئىبارەت بىر پۈتۈن تەكشۈرۈشنى ئورۇنلاشتۇرۇش تەشەببۇس قىلىنغان؛ كان تېپىشنى بۇسۇپ ئۆتۈش جەھەتتە، «مۇھىملىرىنىڭ ئىچىدە مۇھىم بولغان» 15 نىشانلىق رايوننى جەڭ خاراكتېرلىك ئورۇنلاشتۇرۇش تەشكىللەنگەن؛ تېخنىكىلىق باشقۇرۇش جەھەتتە، سۈپەت باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، 3 تۈرلۈك (نورماللىقنى تەكشۈرۈپ ئىسپاتلاش، كان نۇقتىلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە نەتىجىلەرنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش) تۈزۈم باكى بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈپ چىقىش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىلگەن؛ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىجابىي پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان؛ 6 چوڭ ئالتۇن كان مەركەزلەشكەن رايوننىڭ گېئوفىزىكىلىق نورماللىقى، گېئوخىمىيىلىك نورماللىقى بىلەن ئالتۇن كانلارنىڭ ئىچكى باغلىنىشى مۇھاكىمە قىلىنغان؛ ئاپتونوم رايوندىكى ئاساسلىق ئالتۇن كان تېپىلىرىدىن ئۇنىۋېرسال كان تېپىش ئەندىزىسى يۇقىرى دەرىجىدە يىغىنچاقلانغان، ھەمدە ئالتۇن كانلارنىڭ كۈچلۈك ماگنىت مەيدانىغا تارقىلىش قانۇنىيىتى يەكۈنلەپ چىقىلغان، «ئۈچ ماگنىت مەيدانى، بىر ئۆلچەم» دېگەن «ماگنىت مەيدانى» نەزەرىيىسىنى قوللىنىپ كان ھاسىل قىلىش رولى بىلەن كان ھاسىل بولۇش قانۇنىيىتى مۇھاكىمە قىلىنغان. تەتقىقات رايونلىرى بىلەن مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى قوشنا رايونلارنىڭ گېئولوگىيىلىك كان مەھسۇلاتلىرى ۋە كان ھاسىل بولۇش شارائىتلىرى كەڭ كۆلەمدە سېلىشتۇرۇلۇپ، جۇڭگودىكى جەنۇبىي تەڭرىتاغنىڭ غەربىي بۆلىكىدىن ئالتۇن، سۇرمە، سىماپ، قەلەيدىن ئىبارەت قېزىلما بايلىقلارنى تېپىشنىڭ غايەت زور ئىستىقبالى كۆرسىتىپ بېرىلگەن، مۇلۇقتاۋ تىپىدىكى ئالتۇن كان ۋە ئالەي سىماپ، قەلەي تىپىدىكى، ئالتۇن - سۇرمە تىپىدىكى كانلارنى جەنۇبىي تەڭرىتاغدىن تېپىشنىڭ زور ئەھمىيىتى تېپىپ چىقىلغان. شەنشى، گەنسۇ، چىڭخەي، سىچۈەن قاتارلىق جايلاردا كان ھاسىل بولۇشنىڭ شارائىتلىرىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، شەرقىي كۇئېنلۇن - ئالتۇنتاغدىن شۇ تىپتىكى ئالتۇن كانلارنى تېپىپ چىقىشنىڭ غايەت زور ئىستىقبالى كۆرسىتىپ بېرىلگەن، بۇنىڭ بىلەن، تاللانغان نىشانلىق رايونلارنىڭ ئىلمىيلىكى، توغرىلىقى ۋە ئىشەنچلىك دەرىجىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. ئۇنىۋېرسال كان تېپىش، ئۇنىۋېرسال باھا بېرىش ۋە نۆۋەتتىكى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش كەسپىنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجى چىقىش قىلىنىپ، ئالتۇن كانلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، جەنۇبىي تەڭرىتاغنىڭ غەربىي بۆلىكىدىكى سۇرمە، سىماپ، قەلەي كانلىرى تېپىلىدىغان نىشانلىق رايونلارنىڭ سەرخىللىرىنى تاللاش دەرىجىسى كۈچەيتىلگەن ھەمدە سۇرمە، سىماپ، قەلەي، گۆھەر، قاشتېشى قاتارلىقلار چىقىدىغان مۇھىم بىر تۈركۈم نىشانلىق رايونلارغا تاللاپ چىقىپ، گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش قوشۇنلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ ئېچىش ساھەلىرىنى يېڭى گېئولوگىيىلىك ئاساس بىلەن تەمىنلىگەن.

گوڭ شياۋپىڭ، جاڭ ۋېيجۇ

## ئۆلۈغچات ناھىيىسىدىكى ساۋياردى ئالتۇن كان مەيدانىنىڭ تۈزۈلۈشى ئۈستىدە تەتقىقات

بۇ، سابىق دۆلەت گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلار مىنىستىرلىكىنىڭ نىشانلىق پەن تەتقىقات تۈرىگە كىرىدۇ. بۇنى جۇڭگو گېئولوگىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى گېئومېخانىكا تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئالغان، شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىدارىسىنىڭ 2 - گېئولوگىيە چوڭ ئەترىتى قاتنىشىپ بىرلىكتە ئورۇندىغان بولۇپ، 1999 - يىل 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىدارىسى ئۇيۇشتۇرغان باھالاپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى.

ئۇنىڭ نەتىجىسى ئاساسەن مۇنۇلار: بىرىنچى، بۇ كان مەيدانىنىڭ بىر چوڭ تىپتىكى ئەۋرىشىملىق شەكلى ئۆزگەرگەن بەلۋاغنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانلىقى تۇنجى قېتىم بېكىتىلگەن ھەمدە بۇ شەكلى ئۆزگەرگەن بەلۋاغ چوڭقۇر تەتقىق قىلىنغان. شەكلى ئۆزگەرگەن بەلۋاغ ئەۋرىشىملىكتىن چۈرۈكلۈككە ئايلىنىش، بىر يۆنىلىشلىك سىقىلىشتىن ئايلانما قايچىلىنىشقا ئۆتۈشتەك تەدرىجىي ئۆزگىرىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق كان مەيدانى ئىچىدىكى تۈزۈلمىلەرنىڭ شەكىل ئۆزگىرىش سىستېمىسى بارلىققا كەلتۈرۈلگەن. ئىككىنچى، رۇدا - مىنېرال تەركىبى ۋە

قۇرۇلمىسى، تۈزۈلۈشى، ئالتۇننىڭ ساقلىنىش ھالىتى، قورشالما جىنىسلارنىڭ يالىنىپ ئۆزگىرىشى، مىنېراللىشىش باسقۇچى، ماددىلارنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە كان ھاسىل بولۇش تېمپېراتۇرىسىنى ئومۇميۈزلۈك تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، كان ياتىقىنىڭ شەكىللىنىش تىپى ئىسپاتلانغان. ئۈچىنچى، كان بەلۋاغلىرى بىلەن ئەۋرىشىملىك شەكلى ئۆزگەرگەن بەلۋاغلارنىڭ زامان ـ ماكان مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىش جەريانىدا، «شەكلى ئۆزگەرگەن گىرادىنتلىق بەلۋاغدا دېفورماتسىيە نىسپىي ھالدا بىر قەدەر ئاجىز بولغان جايدا ئاسانلا كان ھاسىل بولىدۇ»، دېيىلگەن تونۇش خۇلاسىلەنگەن. تۆتىنچى، 4 ـ نومۇرلۇق ئاساسىي كان بەلۋېغىدىكى كان گەۋدىسىنىڭ مورفولوگىيىلىك يېتىش ھالىتى ۋە بىرىكمىلەرنى ئانالىز قىلىش ئارقىلىق، كان گەۋدىسىنىڭ شىمالىي يان تەرەپكە قاراپ ياتىدىغانلىقى، «كۆپ قاتلاملىق پەنجىرە» شەكىلدىكى بىرىكمىلەرنىڭ مورفولوگىيىلىك بېيىلىش ئەھۋالى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بەشىنچى، تۈزۈلمىلەرنىڭ كانلارنى تىزگىنلەش قانۇنىيىتىگە ئاساسەن، ئالدىن مۆلچەرلەش مىزانى ۋە ئۇنىۋېرسال كان تېپىش ئەندىزىسى تۇرغۇزۇلغان، 18 ـ نومۇرلۇق يېڭى كان تېپىلغان ھەمدە كان ھاسىل بولۇش مۆلچەرلەنگەن رايوندىن 4ى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

گوڭ شياۋپىڭ، جاڭ ۋېيجۇ

## پىچان ناھىيىسىدىكى كەڭگۆر ئالتۇن كېنى ياتىقىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش دوكلاتى

بۇ دوكلات 1999 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى شىنجاڭ گېئولوگىيە ـ قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش ـ ئېچىش ئىدارىسى ئۇيۇشتۇرغان تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى. دوكلات ئەلا دەرىجىلىك دەپ باھالاندى. كەڭگۆر ئالتۇن كان ياتىقىنى شىنجاڭ گېئولوگىيە ـ قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش ـ ئېچىش ئىدارىسى 1 ـ گېئولوگىيە چوڭ ئەترىتىنىڭ 1 ـ تارماق ئەترىتى 1988 ـ يىلى بايقاپ، 1988 ـ يىلدىن 1995 ـ يىلغىچە ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغانىدى. 1998 ـ يىلى شىنجاڭ گېئولوگىيە ـ قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش ـ ئېچىش ئىدارىسىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن، شىنجاڭ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش يۈرتى 2 ـ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئورنىنىڭ 1 ـ تارماق ئورنى ئىلگىرىكى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ۋە كانقېزىشقا دائىر ماتېرىياللارنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئاساسىدا، 1999 ـ يىل 10 ـ ئايدا دوكلاتنى يېزىش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى.

شىنجاڭ گېئولوگىيە ـ قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش ـ ئېچىش ئىدارىسىنىڭ 1 ـ گېئولوگىيە چوڭ ئەترىتى 10 يىلغا يېقىن خىزمەت ئىشلەش ئارقىلىق بىللە ھاسىل بولغان مىس، قوغۇشۇن، سىنك، كۈمۈشتىن ئىبارەت كۆپ خىل پايدىلىق تەركىبلىك ئوتتۇرا ئالتۇن كان ياتىقىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ چىقتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالتۇن كان ئېچىپ پايدىلىنىلدى. بۇ كاننىڭ تېپىلىشى ۋە باھا بېرىش ئىشى پىچان ناھىيىسى ۋە گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئورۇنلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

تەكشۈرۈپ باھالاش ھەيئىتى شۇنداق دەپ ھېسابلىدىكى، ئاساسىي گېئولوگىيە خىزمىتى پۇختا ئىشلەنگەن بولۇپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ سۈپىتى ئالاقىدار قائىدە ـ نىزاملارنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ، كان ياتىقىنى گېئولوگىيىلىك تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنى كونترول قىلىش دەرىجىسى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش باسقۇچىدىكى تەلەپلەرگە يەتكەن؛ تەكشۈرۈپ تەستىقلانغان زاپىسى مۇنداق: 1998 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر كان ياتىقىدا ساقلانغان D+E دەرىجىلىك ئۈنۈملۈك ئالتۇن رۇدىسى 791 مىڭ 395 توننا، ئالتۇن مېتال مىقدارى 7281 كىلوگرام بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە D دەرىجىلىك رۇدا مىقدارى 290 مىڭ 485 توننا، مېتال مىقدارى 2478 كىلوگرام؛ D+E دەرىجىلىك ئۈنۈملۈك مىس رۇدىسى 5 مىليون 297 مىڭ 900 توننا، مىس مېتال مىقدارى 58 مىڭ 897 توننا، بۇنىڭ ئىچىدە D دەرىجىلىك رۇدا مىقدارى 1 مىليون 43 مىڭ 600 توننا، مېتال مىقدارى 8622 توننا، D+E دەرىجىلىك ئۈنۈملۈك سىنك مېتال مىقدارى 32 مىڭ 10 توننا، بۇنىڭ ئىچىدە D دەرىجىلىك مېتال مىقدارى 20 مىڭ 980 توننا؛ D+E دەرىجىلىك ئۈنۈملۈك قوغۇشۇن مىقدارى 17 مىڭ 518 توننا، بۇنىڭ ئىچىدە D دەرىجىلىك مېتال مىقدارى 14 مىڭ 704 توننا. كانلاردا خورىغان ئالتۇن رۇدا مىقدارى جەمئىي 292 مىڭ 299 توننا. ئالتۇن مېتال مىقدارى 2581 كىلوگرام؛ مىس رۇدا مىقدارى 125 مىڭ 500 توننا؛ مېتال مىقدارى 1157 توننا، سىنك مېتال مىقدارى 8002 توننا؛ قوغۇشۇن مېتال مىقدارى 5392 توننا. دوكلاتنىڭ مەزمۇنلىرى تەپسىلىي ۋە ئېنىق، ماتېرىياللار مۇكەممەل ھەم تولۇق ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا گېئولوگىيە خىزمىتىنىڭ ۋە كانلارنى بىر تەرەپتىن ئېچىپ بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈشنىڭ ئاساسى قىلىشقا بولىدۇ.

چىڭ جيەنشىن

## پىچان ناھىيىسىدىكى ماتۇتەن ئالتۇن كان ياتىقىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش دوكلاتى

بۇ 1999 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى شىنجاڭ

گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىدارىسىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى. بۇ دوكلات ئەلا دەرىجىلىك دەپ باھالاندى. ماتۇتەن ئالتۇن كان ياتىقىنى شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىدارىسى 1 - گېئولوگىيە چوڭ ئەترىتىنىڭ 1 - تارماق ئەترىتى 1998 - يىلى بايقىغان، 1988 - يىلدىن 1995 - يىلغىچە ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ چىققان. 1998 - يىلى شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىدارىسىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن، شىنجاڭ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش يۈرتى 2 - گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئورنىنىڭ 1 - تارماق ئورنى ئىلگىرىكى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ۋە كان قېزىش ماتېرىياللىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك توپلاش ئاساسىدا، 1999 - يىل 10 - ئايدا دوكلاتنى يېزىش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى.

شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىدارىسىنىڭ 1 - گېئولوگىيە چوڭ ئەترىتى 10 يىلغا يېقىن خىزمەت ئىشلەش ئارقىلىق، ئېچىپ پايدىلىنىشقا بولىدىغان بىر ئوتتۇرا ئالتۇن كان ياتىقىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ چىقتى، بۇ ئالتۇن كان ياتىقىنىڭ بايقىلىشى ۋە ئۇنىڭغا باھا بېرىلىشى پىچان ناھىيىسىنىڭ بولۇپمۇ ئاپتونوم رايوننىڭ قازمىچىلىق ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىدى، يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا كۈچلۈك ياردەم بەردى.

تەكشۈرۈپ باھالاش ھەيئىتى شۇنداق ھېسابلىدىكى، ئاساسىي گېئولوگىيە خىزمىتى پۇختا ئىشلەنگەن بولۇپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ سۈپىتى ئالاقىدار قائىدە - نىزاملارنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ، كان ياتىقى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش، مىنېراللارنىڭ سۈپىتىنى تەتقىق قىلىش، ئېچىش تېخنىكا شارائىتىنى تەتقىق قىلىش ۋە كونترول قىلىش دەرىجىسى ئومۇمىيۈزلۈك باشقۇرۇش باسقۇچىدىكى تەلەپلەرگە يەتكەن. تەكشۈرۈپ تەستىقلانغان زاپىسى مۇنداق: 1998 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە كان ياتىقىدا ساقلانغان D+E دەرىجىلىك ئۈنۈملۈك ئالتۇن رۇدا مىقدارى 1 مىليون 408 مىڭ 362 توننا، ئالتۇن مېتال مىقدارى 10 مىڭ 817 كىلوگرام، بۇنىڭ ئىچىدە D دەرىجىلىك رۇدا مىقدارى 714 مىڭ 720 توننا، ئالتۇن مېتال مىقدارى 6175 كىلوگرام. كانلاردا خورىغان ئالتۇن رۇدا مىقدارى 436 مىڭ 978 توننا، مېتال مىقدارى 5156 كىلوگرام، دوكلاتنىڭ مەزمۇنى تەپسىلىي ۋە ئېنىق بولۇپ، ماتېرىياللار مۇكەممەل ھەم تولۇق، ئۇنىڭ نەتىجىسىنى گېئولوگىيە خىزمىتىنىڭ ۋە كانلارنى بىر تەرەپتىن ئېچىپ بىر تەرەپتىن پايدىلىنىشنىڭ ئاساسى قىلىشقا بولىدۇ.

چېڭ جيەنشىن

## گۆھەر - قاشتېشى بايلىقىنى ئېچىش ۋە كەسىپىي تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات

بۇ، ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى تەستىقلىغان تۈر بولۇپ، ش ئۇ ئا ر گۆھەر - قاشتېشى جەمئىيىتى ئۈستىگە ئالغان. 1999 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىدارىسى ئۇيۇشتۇرغان باھالاپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى.

ئۇنىڭ ئاساسلىق تەتقىقات نەتىجىسى شۇكى، بىرىنچى، ئۇنىڭدا ئاپتونوم رايوندىكى گۆھەر - قاشتېشى كان مەھسۇلاتلىرىنىڭ تارقىلىش قانۇنىيىتى ۋە خۇسۇسىيىتى، تەكشۈرۈپ ئېچىشنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى، پىششىقلاش - سېتىش ھەمدە ئالاقىدار كارخانىلارنىڭ تارقىلىشى، كۆلىمى، ئۈنۈمى ۋە بازار ئېھتىياجىنى تەمىنلەشنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ئەتراپلىق ئانالىز - تەتقىق قىلىنغان ۋە خۇلاسىلەنگەن، شىنجاڭدىكى گۆھەر - قاشتېشى بايلىقىنىڭ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئىگىلىگەن ئورنىغا توغرا باھا بېرىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى گۆھەر - قاشتېشى بايلىقىنى تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىشى ئىشەنچلىك ئاساس بىلەن تەمىن ئېتىلگەن. ئىككىنچى، تەتقىقات دوكلاتىدا شىنجاڭدىكى گۆھەر - قاشتېشى بايلىقىنىڭ تېگى - تەكتىنى بىلىش، نۇقتىلىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، ئاپتونوم رايوندىكى ھازىرقى گۆھەر - قاشتېشى كارخانىلىرىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ئاساسىي جەھەتتىن ئېنىقلاپ چىقىلغان، نۆۋەتتە ئاپتونوم رايوندىكى گۆھەر - قاشتېشى كەسىپلىرىنىڭ تەرەققىيات ئۈستۈنلۈكى ۋە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ئانالىز قىلىنىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى ۋە تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ گۆھەر - قاشتېشى كەسىپلىرىنىڭ يەنىمۇ راۋاجلىنىشىغا ھەمدە توغرا تەدبىر بەلگىلەشكە ئاساس يەتكۈزۈپ بېرىلگەن. ئۈچىنچى، ئالدىنقىلارنىڭ ماتېرىياللىرىنى ئانالىز قىلىش - خۇلاسىلەش ۋە ھازىرقى كەسىپلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، گۆھەر - قاشتېشى كېنى ھاسىل بولغان 8 بەلۋاغ ۋە 3 دەرىجىلىك كانچىلىق ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونى ئايرىپ چىقىلغان؛ ئاپتونوم رايوننىڭ گۆھەر - قاشتېشى بايلىقىنى تەكشۈرۈپ ئېچىش، پىششىقلاش ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىگە دائىر 4 تۈرلۈك تەدبىر ۋە تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. تۆتىنچى، ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە تېپىلغان 21 خىل گۆھەر، 13 خىل قاشتېشى چىقىدىغان ئورۇن، ئۇلارنىڭ تارقىلىشى، كۆلىمى، ھاسىل بولۇش تىپلىرى، تۈر ئايرىمىسى ۋە سورتلىرى

تەپسىلىي شەرھلىنىپ، ئومۇمىي ئەھۋالى ئاساسىي جەھەتتىن ئېنىقلىنىپ، گۆمەر - قاشتېشى بايلىقىنى پىلانلاش ئۈچۈن ئىشەنچلىك ئاساس يەتكۈزۈپ بېرىلگەن.

گوڭ شياۋپىڭ، جاڭ ۋېيجۇ

## قومۇل رايونىدىن چىپار جىنس تىپىدىكى مىس كان تېپىلدى

شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىدارىسىنىڭ 1 - گېئولوگىيە چوڭ ئەترىتى بىر نەچچە يىللىق كان ئىزدەش - تەكشۈرۈش ئارقىلىق، تۇنجى قېتىم قومۇل رايونىدىن چوڭ كۆلەملىك چىپار جىنس تىپىدىكى ئىستىقباللىق مىس كان ياتىقىنى تاپتى. تۇۋۇ مىس كېنى 1997 - يىلى باشلانغان ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتە بايقالغان، 1998 - يىلى زور بۆسۈش بولدى، 1999 - يىلى يەنە يېڭى ئىلگىرىلەش قولغا كەلتۈرۈلدى.

تۇۋۇ مىس كېنى تارىم بۆلىكى بىلەن جۇڭغار بۆلىكى سوقۇلۇپ ئۇدۇل بىرىككەن بەلۋاغنىڭ شىمالىي يېنىدىكى تاشكۆمۈر دەۋرىدە تېز ئۆسۈپ چىققان چاتما ئارال يايى بەلۋاغنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. ئۇ ئاخىرقى تاشكۆمۈر ئېپوخاسى — دەسلەپكى پېرم ئېپوخاسىنىڭ ئېپىزلىكتىكى پلاگىئوگرانىتلىق چىپار جىنس بىلەن دىئورىتلىق پورفىرىت گەۋدىسىدىن چىقىدۇ. تۇۋۇ — يەندۇڭ ئەتراپلىرىدىن جەمئىي 3 مىس كان ياتىقى يەنى تۇۋۇ مىس كان ياتىقى، تۇۋۇ شەرقىي مىس كان ياتىقى ۋە يەندۇڭ مىس كان ياتىقى تېپىلدى.

تۇۋۇ مىس كان ياتىقى: يەر يۈزىدە دائىرىسى بېكىتىلگەن مىنېراللىق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1700 مېتىر، ئەڭ چوڭ كەڭلىكى 128 مېتىر كېلىدۇ، مىسنىڭ ئوتتۇرىچە سورتى $0.45\times10^{-2}$گە يېتىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە $0.5\times10^{-2}$نى چېگرا قىلىپ دائىرىلەپ چىقىلغان كان گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1400 مېتىر، كەڭلىكى 4 — 87.2 مېتىر كېلىدۇ، مىسنىڭ ئوتتۇرىچە سورتى $0.86\times10^{-2}$گە يېتىدۇ. يەر يۈزىدە 200 مېتىر ئارىلىق قالدۇرۇپ 5 تۆشۈك تەشكەندە كان گەۋدىسىنى كۆرگىلى بولىدۇ، كۆرگىلى بولىدىغان ئەسلىدىكى مىس كان گەۋدىسىنىڭ قېلىنلىقى خېلى زور بولۇپلا قالماي، بەلكى مىنېراللىشىشى داۋاملىشىپ بارغان ۋە مۇقىم بولغان. 1999 - يىلى بۇرغىلاپ تەكشۈرۈش قۇرۇلۇشى ئارقىلىق تىزگىنلەنگەن كان گەۋدىسىنىڭ يانتۇ چوڭقۇرلۇقى 400 مېتىر، قېلىنلىقى 147 — 200 مېتىر كېلىدۇ، مىسنىڭ ئوتتۇرىچە سورتى $0.7\times10^{-2}$گە يېتىدۇ.

شەرقىي تۇۋۇنىڭ مىس كان ياتىقى: يەر يۈزىدە دائىرىسى بېكىتىلگەن مىنېراللاشقان گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1400 مېتىر، ئەڭ چوڭ كەڭلىكى 206 مېتىر كېلىدۇ، مىسنىڭ ئوتتۇرىچە سورتى $0.29\times10^{-2}$گە يېتىدۇ. 40 - لىنىيەدىكى 2 تۆشۈكنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق مىنېراللىشىش كۆلىمى زور، ئەمما سورتى تۆۋەن ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. ZK4001 تۆشۈكتىكى كۆرگىلى بولىدىغان كاننىڭ جۇغلانما قېلىنلىقى 315.71 مېتىر كېلىدۇ، مىسنىڭ ئوتتۇرىچە سورتى $0.34\times10^{-2}$گە يېتىدۇ. ZK4002 تۆشۈكتىكى كۆرگىلى بولىدىغان كاننىڭ جۇغلانما قېلىنلىقى 185.05 مېتىر كېلىدۇ، مىسنىڭ ئوتتۇرىچە سورتى $0.35\times10^{-2}$گە يېتىدۇ.

يەندۇڭ مىس كان ياتىقى: يەر يۈزى قۇرۇلۇشى ئىلكىدە تۇرۇۋاتقان مىنېراللىق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 900 مېتىر، كەڭلىكى 26 مېتىر كېلىدۇ، مىسنىڭ ئوتتۇرىچە سورتى $0.32\times10^{-2}$گە يېتىدۇ. 0 لىنىيەدىكى تۆشۈكنى تەكشۈرۈپ دەلىللەش ئارقىلىق چوڭقۇر قىسمىدا قېلىنلىقى 557.55 مېتىر كېلىدىغان مىس كان گەۋدىسى كۆرۈندى. مىسنىڭ ئوتتۇرىچە سورتى $0.5\times10^{-2}$گە، مولىبدېننىڭ ئوتتۇرىچە سورتى $0.03\times10^{-2}$گە يېتىدۇ. مىس كان گەۋدىسى ئاساسەن پلاگىئوگرانىتلىق چىپار جىنس ئارىسىدا ساقلىنىدۇ.

بۇ رايون تۇرۇۋاتقان جاينىڭ سىرتقى قىسمىنى ئېچىش شەرت - شارائىتىدىن قارىغاندا، تېپىلغان مىس كانلار كۆمۈلۈشى تېيىز، كۆلىمى چوڭ، قېزىش، تاللاش ئاسان بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە، يەنە كېلىپ مىس كان رايونى تەۋەسىنىڭ يەر شەكلى تۈپتۈز، قاتناش قولايلىق، تەخمىنەن يېقىن ئەتراپتىكى تاشيول ۋە تۆمۈريولغا 120 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى 40 كىلومېتىر كېلىدىغان دائىرىگە پەۋقۇلئاددە چوڭ ئەلا سۈپەتلىك بىر كۆمۈرلۈك جايلاشقان بولۇپ، كان ئېچىش ئۈچۈن كېتىدىغان ئېنېرگىيىگە كېرەكلىك كۆمۈر بىلەن تەمىنلىگىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ شىمالىي، جەنۇبىي رايونلىرىغا تەخمىنەن 50 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا سۇ مەنبەسى بولۇپ، كاننى تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا كېتىدىغان سۇ بىلەن تەمىنلىگىلى بولىدۇ. شۇڭا، تۇۋۇ ئەتراپىدىكى مىس كان ياتىقى ئەلا ياخشى تەكشۈرۈپ ئېچىش ئىستىقبالىغا ئىگە.

فېڭ جىڭ

## تۇنجى ساپ تۆمۈر پاراشوكى زاۋۇتى قۇرۇلۇپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى

1999 - يىلى شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىدارىسىنىڭ 1 - گېئولوگىيە چوڭ ئەترىتى مەبلەغ سالغان ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى ساپ تۆمۈر

پاراشوكى زاۋۇتى — تۇرپان ئالتۇن مەنبەلىك رۇدا ئاۋلاش چەكلىك شىركىتى «گۆھەر زېمىن» ساپ تۆمۈر پاراشوكى زاۋۇتى قۇرۇلۇپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، ئاپتونوم رايوندا ساپ تۆمۈر پاراشوكىنى تاللاپ مۇستەقىل ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇت بولماي كەلگەن تارىخقا خاتىمە بېرىلىپ، كېيىنكى قەدەمدە تۇرپان رايونىدا شارسىمان كاللەك رۇدا ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇش ئۈچۈن ئاساس سېلىندى.

«گۆھەر زېمىن» ساپ تۆمۈر پاراشوكى زاۋۇتىنىڭ لايىھەدىكى كۆلىمى يىلىغا 150 مىڭ توننا ساپ تۆمۈر پاراشوكى ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىبارەت بولۇپ، شۇ يىلى 100 مىڭ توننا ساپ تۆمۈر پاراشوكى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى شەكىللەندۈردى، يىلىغا ساپ تۆمۈر پاراشوكىدىن 65 مىڭ 700 توننا ئىشلەپچىقىرىدۇ. 1999 - يىل 11 - ئايدا 2 - قارارلىق كېڭەيتىپ قۇرۇش ئىشى باشلاندى، كېڭەيتىپ قۇرۇلغاندىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى يىلىغا 150 مىڭ توننا ساپ تۆمۈر پاراشوكى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا يەتكۈزۈلىدۇ، كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشىنى 2000 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدا تاماملاش پىلانلاندى. ساپ تۆمۈر پاراشوكى زاۋۇتىغا تەخمىنەن 15 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ.

لىيۇ يەندۇڭ، ۋۇ شۇشيۇڭ

## «قۇمۇل شەھىرىدىكى ماگنىتلىق تۆمۈر كېنىنىڭ I قاراردا ئوچۇقچىلىقتا ئېچىلىدىغان رايونىنى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش دوكلاتى»

مېتاللورگىيە مىنىستىرلىكى غەربىي شىمال گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئىدارىسى شىنجاڭ پولات - تۆمۈر (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ هاۋالىسى بىلەن، ماگنىتلىق تۆمۈر كېنىنىڭ I قاراردا ئوچۇقچىلىقتا ئېچىلىدىغان رايونىنى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى، 1999 - يىل 7 - ئاينىڭ 14 - كۈنى «شىنجاڭنىڭ قۇمۇل شەھىرىدىكى ماگنىتلىق تۆمۈر كېنىنىڭ I قارار ئوچۇقچىلىقتا ئېچىلىدىغان رايونىنى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش دوكلاتى»نى تاپشۇردى. شىنجاڭ قېزىلما بايلىقلار كومىتېتى ئىشخانىسى ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ دوكلاتنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈردى ھەمدە 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جيۇچۈەن شەھىرىدە دوكلاتنى تەكشۈرۈش يىغىنى ئاچتى، يىغىنغا شىنجاڭ پولات - تۆمۈر (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، ئەنشەن مېتاللورگىيە لايىھەلەش تەتقىقات يۇرتى، شىنجاڭ يامانسۇ تۆمۈر كېنى، مېتاللورگىيە مىنىستىرلىكى غەربىي شىمال گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئىدارىسى، ماگنىتلىق تۆمۈر كېنى تۈرى تىجارەت ئورنى، گەنسۇ مېتاللورگىيە 5 - ئەترىتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى، مۇتەخەسسىسلىرى ۋە ۋەكىللىرى قاتناشتى. 1999 - يىل 8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى شىنجاڭ قېزىلما بايلىقلار كومىتېتى بۇ دوكلاتنى تەستىقلىدى.

ئوچۇقچىلىقتا ئېچىلىدىغان رايوننى تەكشۈرۈشتىن مەقسەت شىنجاڭ پولات - تۆمۈر گۇرۇھىنىڭ كېيىن داۋاملىشىپ تۇرىدىغان كان مەنبەسى بازىسى قۇرۇلۇشىنى قامداپ، يىلىغا 800 مىليون توننا تۆمۈر رۇدىسى ئىشلەپچىقىرىدىغان ماگنىتلىق تۆمۈر كېنى ئىشلەپچىقىرىش بازىسىنى قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت. ماگنىتلىق تۆمۈر كېنى رايونىدا كان گەۋدىلىرىنىڭ سانى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئوچۇقچىلىقتا ئېچىلىدىغان رايوننىڭ تەكشۈرۈش دائىرىسى ئىچىدە چوڭ - كىچىك كان گەۋدىسىدىن جەمئىي 73ى بار، كان گەۋدىلىرىنىڭ مورفولوگىيىسى مۇرەككەپ، ھەر قايسى كان گەۋدىلىرىنىڭ كۆلىمى ئوخشىمايدۇ. ئۇزۇنلۇقى 25 — 556 مېتىرغىچە بولۇپ بىر بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ، ئوتتۇرىچە ئۇزۇنلۇقى 125.8 مېتىر، قېلىنلىقى 0.37 — 12.58 مېتىر. ئوتتۇرىچە قېلىنلىقى 4.99 مېتىر كېلىدۇ، تولۇق تۆمۈر سورتى 25% — 66.3%گە، كان رايونىدىكى ئوتتۇرىچە تولۇق تۆمۈر سورتى 45.74%كە، بۇلار ئىچىدە ھوسۇللۇق رۇدا سورتى 52.93%كە، ئۈنۈمسىز رۇدا سورتى 34.55%كە يېتىدۇ. چوڭ كان گەۋدىسىدە ھوسۇللۇق رۇدىلار ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ، كىچىك كان گەۋدىسىدە ئۈنۈمسىز رۇدىلار ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. ئوچۇقچىلىقتا ئېچىلىدىغان رايوننى تەكشۈرۈش دائىرىسى EI — VI لىنىيە ئارىلىقىدىكى ئۇزۇنلۇقى 550 مېتىر، 960 مېتىر كېلىدىغان گورىزونتاللىق ئاتمېتكا ئېگىزلىكى ئۈستىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەكشۈرۈش خىزمىتىدە ئالدىنقىلارنىڭ دەسلەپكى تەكشۈرۈشى ئاساسىدا، بۇ قېتىمقى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئوچۇقچىلىقتا ئېچىلىدىغان رايون تەۋەسىدىكى كان گەۋدىسىنىڭ تىزگىنلىنىش دەرىجىسى ۋە زاپىسىنىڭ دەرىجە ئايرىمىسى ئۆستۈرۈلگەن، ئاساسلىق كان گەۋدىسىنىڭ كۆلىمى، مورفولوگىيىسى، يېتىش ھالىتى، قېلىنلىقى ۋە ئۆزگىرىش خۇسۇسىيىتى تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان؛ رۇدا سۈپىتى، ماددا تەركىبلىرى، ئاساسلىق ئېلېمېنتلارنىڭ Fe سورتى ۋە ئۆزگىرىش خۇسۇسىيىتى تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان؛ رۇدىلارنىڭ بىللە ھاسىل بولۇشتىكى پايدىلىق تەركىبلىرى، زىيانلىق تەركىبلىرى، داشقال ھاسىل قىلغۇچى تەركىبلەرنىڭ مىقدارى ھەمدە ئۆزگىرىش خۇسۇسىيىتى تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان؛

ئوخشاش بولمىغان تىپتىكى رۇدىلار ۋە ئارىلاشما رۇدىلارنى ئاللاپ ئاۋلاش ئىقتىدارى تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان؛ ئۈنۈمسىز، ھوسۇللۇق ئارىلاشما رۇدىلارنى ئاللاپ ئايرىش كۆرسەتكۈچى خېلى كۆڭۈلدىكىدەك بولغان؛ كان رايونىنىڭ گىدروگېئولوگىيىلىك شارائىتى ۋە مۇھىت گېئولوگىيىسى شارائىتى تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان؛ سانائەت گېئولوگىيىسى شارائىتى ئاساسىي جەھەتتىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان؛ ھەرخىل قۇرۇلۇش قىلىش سۈپىتى گېئولوگىيىلىك تەلەپلەرنى قاندۇرغان، سىناپ ئانالىز قىلىش نەتىجىلىرى ئىشەنچلىك بولغان؛ زاپىسىنى ھېسابلاش نەتىجىسى توغرا بولغان، بۇ يېزىلىش سۈپىتى خېلى يۇقىرى، تەكشۈرۈش نەتىجىسى خېلى ياخشى بولغان تەكشۈرۈش دوكلاتى ھېسابلىنىدۇ. تەستىقلانغان تەكشۈرۈش دائىرىسى ئىچىدىكى زاپىسى مۇنداق: B+C+D دەرىجىلىك رۇدا مىقدارى 23 مىليون 369 مىڭ 100 توننا، TFe مورتى 45.74%. بۇنىڭ ئىچىدە B دەرىجىلىك رۇدا مىقدارى 10 مىليون 221 مىڭ 600 توننا، C دەرىجىلىك رۇدا مىقدارى 7 مىليون 472 مىڭ 100 توننا، D دەرىجىلىك رۇدا مىقدارى 5 مىليون 675 مىڭ 400 توننا. مول ھوسۇللۇق كانلارنىڭ رۇدا مىقدارى 14 مىليون 227 مىڭ 100 توننا، ئۈنۈمسىز كانلارنىڭ رۇدا مىقدارى 9 مىليون 142 مىڭ توننا.

ۋاڭ خۇڭ

## ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى يامالىق تېغى سىلانىتس كېنىنىڭ IV نومۇرلۇق كان گەۋدىسىدىكى رۇدا زاپىسى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى

1999 - يىل 12 - ئايدا ش ئۇ ئا ر قېزىلما بايلىقلار كومىتېتى شىنجاڭ قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى باش ئەترىتى تاپشۇرغان «ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى يامالىق تېغىنىڭ سىلانىتس IV نومۇرلۇق كان گەۋدىسىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈشكە دائىر گېئولوگىيىلىك دوكلات»نى تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى. تەستىقلانغان زاپىسى مۇنداق: C دەرىجىلىك (1226) 6 مىليون 958 مىڭ 400 توننا، D دەرىجىلىك (333) 6 مىليون 214 مىڭ 200 توننا. IV نومۇرلۇق سىلانىتس كان گەۋدىسى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى يامالىق تېغىنىڭ شىمالىي قاپتىلىغا جايلاشقان بولۇپ، يەر شارى تۈزۈلمە ئورنى بۇغدا ئاخىرقى قەدىمكى ھايات ئېراسىدىكى ياي كەينى ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىي چېتىگە، يامالىق تېغى دۆم پۈرلىمىسىنىڭ غەربىي قانىتىغا جايلاشقان. كان رايونى تەۋەسىنىڭ تۈزۈلۈشى بىر قەدەر ئاددىي بولۇپ، ئاساسەن، جەنۇبقا يانتۇ كەتكەن يەككە يانتۇلۇق تۈزۈلمىدىن ئىبارەت، يەر قاتلىمى قاتلامسىمان ھالەتتە كۆرۈنىدۇ، پېرم سىستېمىسىنىڭ ئۈستۈنكى ئوتتىلىغا تەۋە بولغان خۇڭيەنچى گۇرۇپپىسى ($P_2h$) كان ساقلانغان يەر قاتلىمى ھېسابلىنىدۇ، رايون تەۋەسىدە جەمئىي 2 كان قەۋىتى بولۇپ، كان قاتلىمىنىڭ قېلىنلىقى 48 — 140 مېتىر كېلىدۇ، قېلىنلىق دەرىجىسى يۆتىلىش بويلاپ، قىسمىسى بىر قەدەر مۇقىملىشىپ قالغان، كان قەۋىتى تىزگىنىدىكى جاينىڭ ئۇزۇنلۇقى 536 — 1200 مېتىر كېلىدۇ، ئومۇمىي يېتىش ھالىتى 87 — 58∠125 ~ 110 گرادۇس بولۇپ، ئاستىدىكى يامالىق تېغى گۇرۇپپىسىنىڭ ئۈستۈنكى كەنجى گۇرۇپپىسى بىلەن ماس دەستىلىنىپ تىگىشكەن. رۇدىلار قارا، تۈچ كۈلرەڭلىك سىلانىتس، سېغىزلىق ئەشمە قۇمتاش، قۇمتاشتىن ئىبارەت 3 تەبىئىي تۈرگە ئايرىلىدۇ؛ رۇدىلارنىڭ خىمىيىلىك تەركىبلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە مىقدارى $Sio_2$58.72%، $Al_2O_3$14.47%، $Fe_2O_3$5.37%، CaO4.19%، MgO2.6%، $K_2O$2.18%، $Na_2O$1.19%، $SO_3$0.246%، $Cl^-$0.045% كېلىدۇ. كۆيۈپ خوراش مىقدارى 10.03%، ناترىي كىرلاتا نىسبىتى 2.96%، ئالىيۇمىن ئوكسىدى نىسبىتى 2.73%. ھەرخىل تىپتىكى رۇدىلارنىڭ خىمىيىلىك تەركىبىنىڭ ئۆزگىرىشى چوڭ ئەمەس، رۇدىلارنىڭ سۈپىتى خېلى تۇراقلىق. بۇ كان گەۋدىسىنىڭ زاپىسىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئىشى شىنجاڭ سېمونت زاۋۇتىنى سېمونت ماتېرىياللىرى زاپاس كېنى بىلەن تەمىنلىدى.

سەي گوخۇا

## لوپنۇر رايونىدىكى كالىيلىق تۇز كېنى ياتىمىسى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۇنىڭ بايلىقىغا باھا

بۇ سابىق دۆلەت گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلار مىنىستىرلىكىنىڭ نىشانلىق پەن تەتقىقات تۈرى. ئۇنى جۇڭگو گېئولوگىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى كان ياتىمىسى تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئالغان، شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىدارىسىنىڭ 3 - گېئولوگىيە چوڭ ئەترىتى قاتنىشىپ بىرلىكتە ئورۇندىغان، بۇ تۈر 1999 - يىل 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىدارىسى ئۇيۇشتۇرغان باھالاپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى.

ئۇنىڭ تەتقىقات نەتىجىسى شۇكى، ئالدىنقىلارنىڭ خىزمىتى ئاساسىدا، لوپنۇرنىڭ شىمالىي ئويۇلمىسىدىكى ئىشقار سۇلۇق كالىي رۇدىسى، كالىي خلورىد بايلىقى مىقدارى مۆلچەرلەنگەن ۋە ئۇنىڭغا باھا بېرىلگەن، بۇنىڭ بىلەن لوپنۇر رايونىدىن كالىيلىق تۇز كېنى تېپىش خىزمىتىدە مۇھىم ئىلگىرىلەش بولغان؛ رادىئو ئاكتىپلىق ئىزوتوپلار ۋە ئىرىتمى

ھاۋالىسى بىلەن تاماملاپ «دوكلات» تاپشۇردى. ش ئۇ ئا ر قېزىلما بايلىقلار كومىتېتى 1999-يىل 12-ئايدا بۇ دوكلاتنى تەستىقلىدى، تەستىقلانغان زاپىسى مۇنداق: C دەرىجىلىك (111b) 5 مىليون 650 مىڭ توننا بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ناترىي ئاساسلىق بېنتونىت 2 مىليون 220 مىڭ توننا، كالتسىي ئاساسلىق بېنتونىت ۋە ئۆتكۈنچى تىپلىق بېنتونىت 3 مىليون 430 مىڭ توننا؛ D دەرىجىلىك (122b) 17 مىليون 320 مىڭ توننا بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ناترىي ئاساسلىق بېنتونىت 8 مىليون 730 مىڭ توننا، كالتسىي ئاساسلىق بېنتونىت ۋە ئۆتكۈنچى تىپلىق بېنتونىت 8 مىليون 590 مىڭ توننا. دوكلاتتا يەنە ئۈنۈمسىز زاپىسى (2S22) 3 مىليون 980 مىڭ توننا؛ E دەرىجىلىك زاپىسى (334) 4 مىليون 900 مىڭ توننا ئىكەنلىكى تەكشۈرۈپ چىقىلغان. بۇ قېتىمقى تەپسىلىي تەكشۈرۈش پەقەت بۇ كان ياتىقىنىڭ ئاز بىر قىسمىلا بولۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا، بۇ كان ياتىقى نۆۋەتتە ئاپتونوم رايون تەۋەسىدە زاپاس كۆلىمى ئەڭ زور، سۈپىتى ئەڭ ياخشى بولغان بېنتونىت كېنى بولۇپ، مۆلچەرلەنگەن بايلىق زاپىسى 300 مىليون توننىدىن ئاشىدىغان چوڭ تىپتىكى بېنتونىت كېنى ياتىقى ھېسابلىنىدىكەن.

سەي گوخۇا

## شىنجاڭدىكى ئاقتاغ رايونىنىڭ (K-46-〈28〉) 1:200000 ماسشتابلىق رايون دائىرىسىدىكى ئېغىرلىق كۈچىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى توغرىسىدىكى دوكلات

بۇ دوكلاتنى ش ئۇ ئا ر گېئولوگىيە-قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش-ئېچىش ئىدارىسى تەشكىللىگەن. باھالاش ھەيئىتى 1999-يىل 10-ئاينىڭ 8-كۈنى تەكشۈرۈپ «ياخشىدىن يۇقىرىراق» دەرىجىگە يەتكەن، دەپ باھا بەردى.

«شىنجاڭدىكى ئاقتاغ رايونىنىڭ (K-46-〈28〉) 1:200000 ماسشتابلىق رايون دائىرىسىدىكى ئېغىرلىق كۈچىنى تەكشۈرۈش»نى شىنجاڭ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش يۈرتىنىڭ 5-گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئالغان.

بۇ تۈردە شىنجاڭ دائىرىسىدىكى ئېغىرلىق كۈچىنى تەكشۈرۈشتە تۇنجى قېتىم TRIMMAP شىركىتىنىڭ چوڭ تىپتىكى نازۇك GPS سىستېمىسىدىن پايدىلىنىپ، ئەمەلىي ۋاقىت بويىچە ئورۇن پەرقى ھالىتىنى ئۆلچەش ئۇسۇلى، ئىشتىن كېيىن ئورۇن پەرقى ھالىتىنى ئۆلچەش ئۇسۇلى ۋە تېز سۈرئەتتە ستاتىك ئورۇن بەلگىلەش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، ئۈنۈمى يۇقىرى، سۈرئىتى تېز بولغان نۇقتا بەلگىلەپ ئۆلچەش قاتارلىق يېڭى تېخنىكا ئۇسۇللىرىدىن پايدىلىنىپ، قوزۇق ئۆلچەش ۋە ئىشقارلىق سۇلارنىڭ يىلىنى ئۆلچەش ئىشى قانات يايدۇرۇلغان، تېيىز قاتلامدىكى ئىشقارلىق سۇنىڭ ھەرىكەتلىنىپ سىلجىش قانۇنىيىتى تولۇقلىنىش يۆنىلىشى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىپ، ئىشقارلىق سۇنىڭ ھەرىكەت ھالىتىگە باھا بېرىش ئۈچۈن توغرا ئاساس سېلىنغان. لوپنۇر رايونىنىڭ 4-دەۋر يەر قاتلىمى، قەدىمكى يەر ماگنىتىسى، $C^{14}$، ئىسسىقلىقنىڭ نۇر تارقىتىشى قاتارلىقلارغا دائىر كۆپلىگەن مۇھىم گېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار قولغا كەلتۈرۈلگەن. بۇ رايوننىڭ يېڭى تۈزۈلمە ھەرىكىتى، قەدىمكى ھاۋا كىلىماتى ۋە گوبىلانلىقنىڭ تەدرىجىي ئۆزگىرىش تەرەققىياتى قاتارلىق تەتقىقات جەھەتتە يېڭى نۇقتىلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان. كالىي كان ياتىقىدىكى تۇز مىنېرال بىرىكمىلىرى، چۆكۈندە خۇسۇسىيىتى، رۇدا تەركىبلىك ئىشقارلىق سۇلاردىكى ئىز مىقداردىكى مىكرو ئېلېمېنتلارنىڭ تارقىلىش قانۇنىيىتى تۇنجى قېتىم تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان؛ كان ھاسىل قىلغۇچى ماددىلارنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە كالىيلىق تۇز كېنىنىڭ ھاسىل بولۇش مېخانىزمى ئاساسىي جەھەتتىن ئېنىقلاپ چىقىلغان. ئومۇمەن قىلغاندا رۇدا تەركىبلىك ئىشقارلىق سۇ ساقلانغان قەۋەتنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە ئۇنىڭ تارقىلىش قانۇنىيىتى قاتارلىقلار تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىپ، كالىي كان ياتىقىغا باھا بېرىش ۋە ئۇنى ئېچىش تەتقىقاتى كۆپلىگەن يېڭى ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئېتىلگەن. بۇ تەتقىقاتتا كالىي تۇز كېنىدىكى ئىشقارلىق سۇلارنىڭ خىمىيىلىك خۇسۇسىيىتى ۋە تۇزلارنىڭ ئاجرىلىش قانۇنىيىتى ئانالىز قىلىنىپ، لوپنۇرنىڭ شىمالىي ئويۇلمىسىدىكى ئىشقارلىق سۇ سولفاتلار تىپىغا كىرىدۇ، ئۇ كالىي سولفات مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشقا پايدىلىق، دېگەن خۇلاسە چىقىرىلغان. ئىقتىسادىي قىممىتىگە باھا بېرىلىپ، شۇنداق ھېسابلاندىكى، لوپنۇرنىڭ شىمالىي ئويۇلمىسىدىكى كالىيلىق تۇز بايلىقىنىڭ كاپالەتلىك دەرىجىسى يۇقىرى، گالوگېن ساقلانغان قەۋەتتە سۇلارنىڭ توپلىنىشى ياخشى، بۇ كېيىنكى مەزگىللىك ئېچىپ پايدىلىنىشقا ياخشى ئاساس ياراتتى.

گۇڭ شياۋپىڭ، جاڭ ۋېيجۇ

## قوبۇقسار ناھىيىسى تەۋەسىدىكى 184-تۈەن-مەيداندىكى بېنتونىت كېنىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈشكە دائىر گېئولوگىيىلىك دوكلات

بۇ خىزمەتنى شىنجاڭ گېئولوگىيە-قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش-ئېچىش ئىدارىسىنىڭ 9-گېئولوگىيە ئەترىتى بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 10-شى 184-تۈەن-مەيدانىنىڭ

ئېلىپ بېرىلدى. ئازۇكلۇق دەرىجىسى رايون دائىرىسىدە ئېغىرلىق كۈچىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ تەلىپىدىن ئېشىپ كەتتى. 6480 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىدە ئېغىرلىق كۈچىنى تەكشۈرۈش، ئېغىرلىق كۈچى نۇقتىسىدىن 1613 جايىنى تەكشۈرۈش ئىشى ئورۇندىلىپ بولدى. بۇ تۈردە ئېرىشكەن ئاساسىي سانلىق مەلۇماتلار ئۈستىدە يۈنىلىشلىك ھاسىلە، يۇقىرىغا سوزۇش قاتارلىق كۆپ خىل سانلىق مەلۇماتلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئېلىپ بېرىلىپ، سىزىقلىق تۈزۈلمە ۋە قىسمەن ئېغىرلىق كۈچىنىڭ نورمالسىزلىق ئۆچۈرلىرى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ئاپتونوم رايون بويىچە ئېغىرلىق كۈچى نورمالسىز بولغان 25 جاي ئايرىپ چىقىلغان، بۇلار ئىچىدە ئېغىرلىق كۈچى يۇقىرى بولغان 12 جاي، ئېغىرلىق كۈچى تۆۋەن بولغان 13 جاي بار. گرانىت تېپى نورمالسىز بولغان 9 جاي، نېيتراللىق بۆسمە جىنس نورمالسىز بولغان 2 جاي، ئاساسلىق - ئۇلترا ئاساسلىق بۆسمە جىنس نورمالسىز بولغان 7 جاي، ھۆكۈم قىلىنغان يوشۇرۇن تاغ جىنسى گەۋدىسىدىن 6 جاي ئايرىپ چىقىلغان؛ تۈزۈلمىلىك ماگما جىنس بەلۋېغىدىن 3 ى ئايرىپ چىقىلغان؛ مەلۇم كۆلەمگە ئىگە 8 يېرىلمىغا، چوڭقۇرلۇقى زور بولغان 5 يېرىلمىغا ھۆكۈم قىلىنىپ، ئاپتونوم رايون شىمالىي قىسمىدىكى پېرم دەۋرىگە مەنسۇپ يېرىلما جىلغا رايون، ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئاساسلىق جىنسى ئۆزگەرگەن بەلۋاغ، جەنۇبىي قىسمىدىكى قەدىمكى ھايات ئېراسىغا مەنسۇپ ماگمىلىق تۈزۈلمە ھەرىكەت بەلۋېغى ۋە جەنۇبىي ئۆچىدىكى پېرم دەۋرىگە مەنسۇپ يېرىلما جىلغا رايون، دەپ ئايرىلغان، ماگنىتلىق دېگىز (تۆمۈر، مىس، نىكېل، ئالتۇن)، ئاقتاغنىڭ جەنۇبى (ئالتۇن، مىس، كۆپ خىل مېتال) غا ئوخشاش كان ھاسىل بولىدىغان ئىستىقباللىق رايوندىن 3 جاي ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

جۇاڭ داۋزې

## كىرىسىنىنى ئۇيۇتۇش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ئالتۇن يىغىۋېلىش ۋە سولفىدلىق بىرىكمىلەرگە ئالتۇننى چۆكتۈرۈش ئۇسۇلى

بۇ شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىدارىسىنىڭ پەن تەتقىقات تۈرى، بۇنى شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىدارىسىنىڭ تەجرىبە قىلىش - ئۆلچەش مەركىزى ئۈستىگە ئالغان، بۇ تۈر 1999 - يىل 3 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىدارىسى ئۇيۇشتۇرغان باھالاپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئاساسلىق نەتىجىسى مۇنۇلار: مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى «كىرىسىنىنى ئۇيۇتۇش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ئالتۇن يىغىۋېلىش ۋە سولفىدلىق بىرىكمىلەرگە ئالتۇننى چىلاش ئۇسۇلى» تەتقىقاتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە ئاساسلىق ھۈنەر - سەنئەت قائىدىسى بايان قىلىنغان. بۇ قېتىمقى كىرىسىنىنى ئۇيۇتۇش ۋە سولفىدلىق بىرىكمىلەرنى تەييارلاش جەريانى شەرھلەنگەن ھەمدە سېلىشتۇرما سىنىقىغا ئاساسەن، ئەڭ ياخشى تەجرىبىلەرنى بىرلەشتۈرۈش شەرتلىرى بېكىتىلىپ، كېيىنكى قەدەمدە ئالتۇننى يىغىۋېلىش ھۈنەر - سەنئەت تەجرىبىسى ئۈچۈن ئاساس سېلىنغان؛ ساۋيۈردى ئالتۇن كېنىدىكى سورتى تۆۋەن، چىلاش تەس بولغان رۇدىلارنى كۆزدە تۇتۇپ، كىرىسىنىنى ئۇيۇلدۇرۇش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ئالتۇن يىغىۋېلىشتىن ئىبارەت ئىزدىنىش خاراكتېرلىك ھۈنەر - سەنئەت سىنىقى ئېلىپ بېرىلىپ، ساۋيۈردى ئالتۇن كېنىدىكى رۇدىلارغا بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللىنىپ ئالتۇن يىغىۋېلىشقا ماس كېلىدىغانلىقى، دېگەن يەكۈن چىقىرىلغان ھەمدە دەسلەپكى قەدەمدە ئۇنىڭ سەۋەبلىرى مۇھاكىمە قىلىنغان؛ كەڭكۆرتاغ ئالتۇن كېنىنىڭ 6 - نومۇرلۇق كان ياتىمىسى قاتارلىق ئالتۇن كانلاردىكى كۆپ خىل تىپلىق رۇدىلار ئۈستىدە كىرىسىنىنى ئۇيۇلدۇرۇش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ئالتۇن يىغىۋېلىشتىن ئىبارەت تەجرىبە تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىلغان. كەڭكۆرتاغ ئالتۇن كېنىدىكى رۇدىلاردىن ئالتۇن يىغىۋېلىش نىسبىتى 95.06% كە يەتكۈزۈلگەن، ئۇنىڭ ھۈنەر - سەنئەت، تېخنىكا ئىقتىسادىي شەرتلىرىگە دەسلەپكى قەدەمدە باھا بېرىلىپ، كەڭكۆرتاغ ئالتۇن كېنىدا قوللىنىلغان بۇ خىل ئۇسۇل كۆمۈر بوتقىسى ۋە لەيلىتىپ ئىلغىۋېلىشتىن ئىبارەت 2 خىل ھۈنەر - سەنئەتتىن يۇقىرى تۇرىدۇ، دەپ قارالغان، سولفىدلىق بىرىكمىلەرگە ئالتۇننى چىلاش قائىدىسىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، سىناق جەريانى بېكىتىلىپ، نۇرغۇن ئەھمىيەتلىك تەجرىبە سانلىق مەلۇماتلار قولغا كەلتۈرۈلگەن، سىئانلىنىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ئالتۇننى چىلاپ چىقىرىۋېلىش ئۇسۇلى بىلەن سېلىشتۇرۇلۇپ، چىلاپ ئېلىش نىسبىتى بىلەن چىلاپ ئېلىش ۋاقتى جەھەتتە سىئانلاشتۇرۇش ئۇسۇلىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، دېگەن يەكۈن چىقىرىلغان.

گۇاڭ شياۋپىڭ، جاڭ ۋېيجۇ

## لوپنۇر رايونىنىڭ كالىيلىق تۇز بايلىقىنى تەكشۈرۈش دوكلاتى

بۇ دوكلات 1999 - يىل 2 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئۈرۈمچىدە جۇڭگو گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئىدارىسى بىلەن شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىدارىسى ئۇيۇشتۇرغان باھالاپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى ۋە ئەلا

دەرىجىلىك دەپ باھالاندى. بۇ دوكلاتنى شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىدارىسىنىڭ 3 - گېئولوگىيە چوڭ ئەترىتى تاپشۇرغان. ئۇ، ئاپتونوم رايون بويىچە لوپنۇر رايونىنىڭ كالىيلىق تۇز بايلىقى ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ھاسىل بولغان تۇز تۈرىدىكى كان مەھسۇلاتلىرى سىستېمىلىق خۇلاسىلەنگەن تۇنجى تەكشۈرۈش دوكلاتىدۇر. دوكلات تەخمىنەن 200 مىڭ خەتلىك. ئۇنىڭدا لوپنۇر تۇز كۆلى دائىرىسىنىڭ گېئولوگىيىلىك، گىدروگېئولوگىيىلىك شارائىتى ۋە يەر تۈزۈلۈشى ھەمدە مېتېئورولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتى قىسقىچە بايان قىلىنغان. لوپنۇر تۇز كۆلىنىڭ پەيدا بولۇشى، تەرەققىي قىلىشى، تەدرىجىي ئۆزگىرىشى ھەمدە كۆچۈشى خېلى تەپسىلىي بايان قىلىنغان؛ لوپنۇرنىڭ شىمالىي ئويۇلمىسىدىكى 4 - سىستېمىغا مەنسۇپ تۇز تەركىبلىك سىستېمىسىنىڭ مۇكەممەل كەسمە يۈزى ۋە چۆكۈندە قاتلىمى تەرتىپى تۇرغۇزۇلۇپ، رۇدا تەركىبلىك 8 قاتلام ئورنى ۋە ئۇنىڭ تارقىلىش دائىرىسى بېكىتىلگەن؛ كان ھاسىل بولۇش شارائىتلىرى، ماددا تەركىبلىرىنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە كان ياتىقىنىڭ شەكىللىنىش سەۋەبلىرى تەھلىل قىلىنغان. سۇيۇق فاتسىيىلىك كالىي كان ياتىقى — يوشۇرۇن ئېشقارلىق سۇ قەۋىتىنىڭ قېلىنلىقى، مورفولوگىيىسى، چوڭقۇرلۇقى، مول سۇلۇق خۇسۇسىيىتى، خىمىيىلىك تەركىبلىرى، ئېشقارلىق سۇنىڭ خىمىيىلىك تىپى، سورتى ۋە كالىينىڭ توپلىنىش قانۇنىيىتى ئاساسىي جەھەتتىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان. لوپنۇرنىڭ شىمالىي ئويۇلمىسىدىكى كالىيلىق تۇز كان ياتىقى بىر يېڭى تىپتىكى سۇيۇق جىسىملىق كالىيلىق تۇز رۇدىسىنى ئاساس قىلىدىغان قاتتىق جىسىملار بىللە مەۋجۇت بولغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ناترىي، ماگنىي تۇزى بىللە ھاسىل بولغان چوڭ ئۇنىۋېرسال كان ياتىقى ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. D+E دەرىجىلىك سۇيۇق جىسىملىق كالىيلىق تۇز زاپىسى 61 مىليون 706 مىڭ 300 توننا ئىكەنلىكى تەكشۈرۈپ چىقىلغان. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ مەملىكەت بويىچە چىگىدىكى ئۆلكىسىدىن قالسىلا كالىي خىلورىد زاپىسى زور بولغان رايون بولۇپ قالدى.

دالا خىزمىتى جەريانىدا لوپنۇر رايونىدىكى ئېشقارلىق سۇنىڭ سانائەتتە پايدىلىنىشى ئۈستىدە ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىلىپ، ئېشقارلىق سۇ قاتارلىقلارنىڭ تېمپېراتۇرىدا پارغا ئايلىنىش سىنىقى، تۇزلۇقلارغا دائىر ھۈنەر - سەنئەت ئۇسۇلى سىنىقى ۋە تۇزلۇقنىڭ پارغا ئايلىنىش سىنىقى قانات يايدۇرۇلغان. ھەرخىل تەجرىبە نەتىجىلىرىدە تۇزلۇق مىنېراللارنىڭ كرىستاللىنىش تەرتىپى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىپلا قالماي، بەلكى لوپنۇر رايونىدىكى ئېشقارلىق سۇلارنىڭ سانائەتتە پايدىلىنىشچانلىقى ياخشى، ئېلىش ھۈنەر - سەنئىتى ئاددىي ھەمدە سۈپىتى خېلى ياخشى بولغان كالىيلىق ئارىلاشما تۇز ماتېرىياللىرىغا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقى ئىسپاتلانغان. بۇ رايوننى يەنىمۇ تەكشۈرۈش ۋە بۇنىڭدىن كېيىن ئېچىپ پايدىلىنىش ئۈچۈن ئاساس سېلىنغان.

فېڭ جياڭ

## ئۆلچەپ سىناش ئۇسۇلىنى يولغا قويۇش تەتقىقات تۈرى

بۇ شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىدارىسىنىڭ پەن تەتقىقات تۈرى بولۇپ، ئۇنى شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىدارىسىنىڭ تەجرىبە - ئۆلچەش مەركىزى ئۈستىگە ئالغان. بۇ تۈر 1999 - يىل 3 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىدارىسى ئۇيۇشتۇرغان باھالاپ ئۇتكۇزۇۋېلىشتىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئاساسلىق نەتىجىسى شۇكى، 1:200000 ماسشتابلىق رايون دائىرىسىدە گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈلگەن ئەۋرىشكىلەر ئىچىدىكى مىس ۋە باشقا 18 خىل ئېلېمېنتنىڭ تەبىئىي تومالغۇ تەسىرىگە ئۇچرىشىنى سىناش ئۇسۇلى تەتقىق قىلىنىپ، كاشىلا كوئېففىتسېنتىنى تۈزىتىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ئۇنىۋېرسال كاشىلا يوقىتىلغان، 1 - دەرىجىلىك ئەۋرىشكىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، بۇ ئۇسۇلنىڭ ئىشەنچلىك، توغرىلىق دەرىجىسى خېلى يۇقىرى ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان؛ TNOA ماغزاپىنىڭ ئالتۇن سۈمۈرۈشى، يالقۇنسىز ئاتوم سۈمۈرگەن مىكرو ئالتۇننى ئۆلچەپ بېكىتىشنىڭ تۈرلۈك شەرت - شارائىتلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىلىپ، بۇ ئۇسۇلنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتا قوللىنىش ئورنى تىكلەنگەن. ئوكسىدلانغان مىس رۇدىسىنى كىسلاتاغا چىلاپ ئېلىۋېلىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ مىس سولفات تەييارلاشنىڭ ھەرخىل شەرت - شارائىتلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىلگەن، سىناق لايىھىسىنىڭ ئىشەنچلىك بولغانلىقى دەسلەپكى قەدەمدە بېكىتىلگەن. گرافىتلىق پېچنىڭ ئاتوم سۈمۈرۈشى ۋە ئاتومنىڭ يالتىراق نۇرى ئۇسۇلىنىڭ سۇت پاراشوكى، گىرىم بۇيۇملىرى تەركىبىدىكى Pb، Cd، As، Hg ئېلېمېنت مىقدارىنى ئۆلچەپ بېكىتىشتە قوللىنىش مۇمكىنچىلىكىگە ئوخشاش جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك تەجرىبىدە قوللىنىلىدىغان 12 خىل تېخنىكىلىق قىيىن مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىنىپ، ئەمەلىي تېخنىكا شارائىتى، ئۇسۇلى، تەرتىپى قاتارلىق جەھەتلەردە خېلى ئەتراپلىق سىناق ۋە ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىلغان، قىسمەن تېخنىكىلىق قىيىن مەسىلىلەر ھەل قىلىنىپ، خېلى ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىنغان.

گۇلى شياۋپىڭ، جاڭ ۋېيجۇ

## لوپنۇر كالىيلىق تۇز كېنى رايونىدىكى ئاچچىق جىلغىسىنىڭ يەر ئاستى سۈيىنى تەكشۈرۈش تەتقىقات دوكلاتى

بۇنى شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىدارىسىنىڭ 2 - گىدرو گېئولوگىيىلىك قۇرۇلۇش گېئولوگىيىسى چوڭ ئەترىتى ئۈستىگە ئېلىپ ئورۇندىغان، بۇ تۈر 1999 - يىلى 12 - ئاينىڭ 27 - كۈنى شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىدارىسى ئۇيۇشتۇرغان باھالاپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى.

قولغا كەلتۈرۈلگەن ئاساسلىق نەتىجىلەر مۇنۇلار: بىرىنچى، چېكىنگە يەتكەن قۇرغاق، سۈيى ناچار رايوندا سۇ تېپىشتا زور بۆسۈش ئىشقا ئاشۇرۇلغان. لوپنۇرنىڭ شەرقىدىكى ئاچچىق جىلغىدىن تۇزسىز سۇ مەنبەسى تېپىلغان بولۇپ، مىنېراللىشىش دەرىجىسى 1.69g/L غا، يەككە قۇدۇقلارنىڭ سۇ چىقىرىش مىقدارى $485.4m^3/d$ غا يەتكەن. ئىككىنچى، لوپنۇرنىڭ شەرقىدىكى 4 - دەۋر گېئولوگىيىسى ۋە قەدىمكى جۇغراپىيىلىك مۇھىتقا دائىر تەتقىقات تۈنجى قېتىم قانات يايدۇرۇلغان. بۇ رايوندا تېپىلىدىغان ئەڭ ياخشى سۇ قەۋىتى ئورنى ئېنىق بېكىتىلىپ، ئوتتۇرا يېڭىلىنىش سىبىرىيىسىنىڭ ئوتتۇرا، ئاستىنقى قىسمىدىكى دەريا فاتسىيىسىنىڭ چۆكۈندە قاتلىمى بۇ رايوننى سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان ئەڭ ياخشى نىشانلىق قەۋەت ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان، لوپنۇرنىڭ شەرقىدىكى رايونلارنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەكشۈرۈپ سۇ تېپىش خىزمىتى ئۈچۈن نىشان كۆرسىتىپ بېرىلگەن. ئۈچىنچى، ئاچچىق جىلغىسىنىڭ گىدروگېئولوگىيىلىك شارائىتى سىستېمىلىق تەتقىق قىلىنىپ، تەكشۈرۈلگەن 4 ئاساسلىق سۇ تەركىبلىك قاتلام گورۇپپىسىنىڭ گىدروگېئولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتى دەسلەپكى قەدەمدە ئىگىلىۋېلىنغان؛ ئاچچىق جىلغىسى رايونىدىكى يەر ئاستى سۇ بايلىقى ۋە ئىستىقباللىق سۇ مەنبەسى بار جايدىكى يەر ئاستى بايلىقى تەخمىنىي ھېسابلاپ چىقىرىلغان. تۆتىنچى، AK1 تۆشۈكىدىكى جىنس فاتسىيىلىك چۆكۈندىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن، لوپنۇر رايونىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن 4 - سىستېمىغا دائىر تەتقىقات نەتىجىسى بىلەن سېلىشتۇرۇلۇپ، لوپنۇر كۆلىنىڭ كۆچۈشى ۋە كالىيلىق تۇز كېنىنىڭ ھاسىل بولۇش شارائىتىنى يەنىمۇ تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان. بەشىنچى، بۇ رايوندىن گېئوفىزىكىلىق سۇ تېپىش ئەندىزىسى ۋە تېخنىكىلىق ئۇسۇل قۇرۇلمىسى دەسلەپكى قەدەمدە تۇرغۇزۇلغان، ئۇنىۋېرسال گېئوفىزىكىلىق خاراكتېرىنى بەلگىلەش، تۇراقلىق مىقدار تەتقىقاتىدىن پايدىلىنىپ، 4 - سىستېما قۇرۇلمىسى، سۇ ساقلىنىش خۇسۇسىيىتى، ئۇل قىسمىنىڭ ئېگىز - پەسلىكى قاتارلىق جەھەتلەردە پايدىلىق ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىلغان. ئالتىنچى، تەكشۈرۈش خىزمىتى جەريانىدا قوللىنىلغان تېخنىكا لىنىيىسى غەربىي قىسمىدىكى ناچار سۇلۇق رايوندا ئىستراتېگىيىلىك سۇ تېپىش ئىشىنى ئۈلگىلىك خىزمەت ئۇسۇلى بىلەن تەمىن ئەتكەن، ئۈلگە كۆرسىتىش مۇھىم كېڭەيتىش قىممىتىگە ئىگە.

سۈن شياۋمىڭ

## ئاتۇش شەھىرىدىكى قاراجول يېزىسىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ئۇنىۋېرسال ئېچىشتا سۇ بىلەن تەمىنلەش نۇقتىسىنى گىدروگېئولوگىيىلىك تەپسىلىي تەكشۈرۈش دوكلاتى

بۇنى شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىدارىسىنىڭ 2 - گىدروگېئولوگىيىلىك قۇرۇلۇش گېئولوگىيە چوڭ ئەترىتى ئۈستىگە ئېلىپ ئورۇندىغان، بۇ تۈر 1999 - يىلى 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى، مالىيە نازارىتى، شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىدارىسى بىلەن قىزىلسۇ ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىرلىكتە باھالاپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

قولغا كەلتۈرۈلگەن ئاساسلىق نەتىجىلەر مۇنۇلار: بىرىنچى، قاراجول ئويمانلىقىنىڭ گىدروگېئولوگىيىلىك شارائىتى ۋە يەر ئاستى سۈيىنى ئېچىش شارائىتى تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان، يېقىنقى مەزگىلدە ئېچىلىدىغان يەرلەرنى تەمىنلەيدىغان 3 سۇ مەنبەسى ئورنى دائىرىگە ئېلىنغان. ئىككىنچى، مۇۋازىنەت ئۇسۇلى، سانلىق قىممەت ئۇسۇلى قوللىنىلىپ ئويمانلىقنىڭ يەر ئاستى سۇ بايلىقىغا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ باھا بېرىلىپ، بۇ رايوندىكى يەر ئاستى سۇ بايلىقىغا باھا بېرىشنىڭ نازۇكلۇق دەرىجىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئىقتىسادىي قويچىلىق فېرمىسى، قاراجول يېزىسى - قوشبۇلاق، ھاڭگىزى - يازلۇ رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى مەركەزلىك ھالدا سۇ بىلەن تەمىنلەش پىلانلانغان 3 سۇ مەنبەسىنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئېچىش مىقدارى ھېسابلاپ چىقىلغان. ئۈچىنچى، سۇ - تۇپراقنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ ئانالىز قىلىش نەتىجىسىگە ئاساسەن، يېقىنقى مەزگىلدە ھەر يىلى كۆپەيتىپ ئېچىلىدىغان 20 مىليون كۇب مېتىر يەر ئاستى سۇ بايلىقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. تۆتىنچى، ئويمانلىقنىڭ 4 - دەۋر يەر قاتلىمى ئېچىپ بېرىلىپ، ئويمانلىق ئۇلىنىڭ 4 - سىستېمىدىكى تارقىلىشى ۋە

گىدروگېئولوگىيىلىك شارائىتىنىڭ تىزگىنلىنىش رولىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ئۈچۈن ئاساس بىلەن تەمىنلىگەن. بەشىنچى، يەر ئىسسىقلىقى نورمالسىز بەلۋاغدىن بىرسى يېڭىدىن تېپىلغان. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 60 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ، سۇ تېمپېراتۇرىسى 14.5℃ — 20℃ قىچە بولۇپ، باشقا رايونلاردىكى يەر ئاستى سۇ تېمپېراتۇرىسىدىن 4℃ — 8℃ قىچە يۇقىرى.

سۇن شياۋمىڭ، گو جۈن

## ئاساباي چارۋىچىلىق رايونىدىكى سۇ بىلەن تەمىنلەش نۇقتىسىنىڭ گىدرولوگىيىلىك يەر يۈزىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈش دوكلاتى

بۇنى شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىدارىسىنىڭ 2 - گىدروگېئولوگىيىلىك قۇرۇلۇش گېئولوگىيە چوڭ ئەترىتى ئۈستىگە ئېلىپ ئورۇندىغان. بۇ تۈر 1999 - يىل 12 - ئاينىڭ 13 - كۈنى شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىدارىسى ئۇيۇشتۇرغان باھالاپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى.

بۇ تەكشۈرۈش خىزمىتى شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىدارىسىنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان سۇ قىس بولۇپ كەلگەن ئاقچى ناھىيىسى قاراچى يېزىسىدىكى ئاساباي رايونىنىڭ سۇ مەنبەسى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان، نامراتلارنى يۆلەشنى مەقسەت قىلغان سۇ تېپىش خىزمىتى ھېسابلىنىدۇ. قولغا كەلتۈرۈلگەن ئاساسلىق نەتىجىلەر مۇنداق: بىرىنچى، ئاساباي جىلغىسى، ساسىق بۇلاق جىلغىسى قاتارلىق نۇقتىلىق تەكشۈرۈلىدىغان رايونلارنىڭ گېئولوگىيىلىك، گىدروگېئولوگىيىلىك شارائىتى ئاساسىي جەھەتتىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان. ئىككىنچى، ئاساباي جىلغىسىدىن 3 جايدا سۇ نىسپىي مول بولغان بىرىكمە تىپلىق سۇ ساقلاش تۈزۈلمىسى تېپىلغان. سۇ ساقلانغان ھەر قايسى تۈزۈلمىلەردىكى يەر ئاستى سۈيىنىڭ تولۇقلىنىش مىقدارى ۋە ئېچىشقا تېگىشلىك بايلىق مىقدارى تەخمىنىي ھېسابلاپ چىقىلىپ، شۇ يەردىكى چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ ئىچىملىك سۇغا بولغان تەلىپى قاندۇرۇلغان. ئۈچىنچى، دەسلەپكى قۇدۇق ئورنىنى تاللاش لايىھىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان، قۇدۇق قېزىش ھۈنەر - سەنئىتىگە قارىتا تېخنىكىلىق تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

سۇن شياۋمىڭ

## پەيزاۋات ناھىيە بازىرىنى سۇ بىلەن تەمىنلەش مەسىلىسى ھەل قىلىندى

ئۇزاقتىن بۇيان پەيزاۋات ناھىيىسى تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيى ۋە يەر ئاستى سۈيىنىڭ سۇ سۈپىتى ناھايىتى ناچار بولغاچقا، شۇ يەردىكى خەلقنىڭ تەن ساغلاملىقىغا ئېغىر زىيان يەتكۈزگەنىدى، شۇڭا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت كۆپ يىللاردىن بۇيان كۆپلەپ مەبلەغ سېلىپ، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە سۇنى ياخشىلاش خىزمىتىنى ئېلىپ باردى ھەمدە 40 كىلومېتىردىن كۆپرەك يىراقلىقتىن سۇ باشلاپ كېلىپ، بازار ئاھالىسىنىڭ تۇرمۇشىغا كېرەكلىك سۇ شارائىتىنى ياخشىلىغان بولسىمۇ، لېكىن تۇرۇبا لىنىيىسى ئۇزۇن، سۇ مىقدارى ئاز بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەر تەۋرەپ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغاچقا، مەسىلىنى يەنىلا تۈپتىن ھەل قىلىش مۇمكىن بولمىغانىدى. 1999 - يىلى شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىدارىسىنىڭ 2 - گىدروگېئولوگىيىلىك قۇرۇلۇش گېئولوگىيە چوڭ ئەترىتى گىدروگېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىغا 6 كىلومېتىر كېلىدىغان قىزىلسۇ يېزىسى ئەتراپىدىن سۈپىتى خېلى ياخشى، ئىستېمال قىلىشقا بولىدىغان يەر ئاستى سۈيىنى تېپىپ چىقتى، شۇ يىلى 12 - ئايدا ش ئۇ ئا ر قېزىلما بايلىقلار كومىتېتى بۇ ئەترەت تاپشۇرغان «شىنجاڭنىڭ پەيزاۋات ناھىيىسى قىزىلسۇ سۇ مەنبەسىدىكى سۇ بىلەن تەمىنلەش نۇقتىسىنى گىدروگېئولوگىيىلىك تەپسىلىي تەكشۈرۈش دوكلاتى»نى تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى، قىزىلسۇنىڭ سۇ مەنبەسىدىكى C دەرىجىلىك يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئايلىق ئېچىشقا رۇخسەت قىلىنغان مىقدارىنى 6600 كۇب مېتىر قىلىپ تەستىقلىدى ھەمدە ئۇنى سۇ مەنبەسىنى دەسلەپكى قەدەمدە لايىھىلەشنىڭ ئاساسى قىلدى.

گو جۈن

## ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئۆلانباي — گەنخېزى رايونىدىكى تەخشەپ ئىشلىتىلىدىغان توپلانما سۇ مەنبەسىدىكى سۇ بىلەن تەمىنلەش نۇقتىسىنى گىدروگېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش دوكلاتى

بۇ دوكلاتنى 1999 - يىل 10 - ئايدا ش ئۇ ئا ر قېزىلما بايلىقلار كومىتېتى تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى، گەنخېزى رايونى سۇ مەنبەسىدىكى B دەرىجىلىك يەر ئاستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېچىشقا رۇخسەت قىلىش مىقدارى 15 مىليون كۇب مېتىر قىلىپ تەستىقلاندى ھەمدە سۇ مەنبەسىنى ئېچىش قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسى قىلىندى.

سۇ مەنبەسىنى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش - باھا بېرىش خىزمىتىنى شىنجاڭ سۇ ۋە سۇ ئېلېكتر تەكشۈرۈش - لايىھىلەش تەتقىقات يۇرتىنىڭ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش

قۇرۇلۇش شىركىتى ئۈستىگە ئېلىپ ئورۇندىدى، تەستىقنامىدە شۇنداق دەپ ھېسابلاندىكى، تەكشۈرۈش دوكلاتىدا ئۇلانباي ئويمانلىقىنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيىلىك ۋە گىدروگېئولوگىيىلىك شارائىتىغا ئاساسەن، مول بولغاندا ساقلاپ، قۇرغاقچىلىق كۆرۈلگەندە ئىشلىتىش، ئىككى ئامبارنىڭ سۈيىنى بىرلىكتە تەڭشەپ ئىشلىتىش (يەر ئۈستى سۇ ئامبىرى بىلەن يەر ئاستى سۇ ئامبىرىنى بىرلىكتە تەڭشەپ ئىشلىتىش) دىن ئىبارەت يېڭى پىكىر يولى ئوتتۇرىغا قويۇلغان، بۇ، يۇقىرى ئېقىندىكى ئەلا سۈپەتلىك سۇلاردىن پايدىلىنىش نىسبىتىنى تولۇق ئۆستۈرۈپ، ئۈرۈمچى شەھىرىنى تەمىنلەيدىغان سۇ قىس بولۇشتەك ئەھۋالنى پەسەيتىشتە ئاكتىپ، رېئال رول ئوينايدۇ.

گو جۈن

## ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ سايئوپا رايونى سۇ مەنبەسىدىكى قېزىلمىدىغان سۇ بايلىقىغا باھا بېرىش دوكلاتى

بۇ دوكلات 1999 - يىلى 6 - ئايدا ش ئۇ ئا ر قېزىلما بايلىقلار كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىدىن ئۆتتى، سايئوپا سۇ مەنبەسىدىكى A دەرىجىلىك يەر ئاستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېچىشقا رۇخسەت قىلىش مىقدارى 35 مىليون كۇب مېتىر قىلىپ تەستىقلىنىپ، سۇ مەنبەسىنى مۇۋاپىق ئېچىش ۋە قوغداشنىڭ ئاساسى قىلىندى. بۇ ئاپتونوم رايون بويىچە A دەرىجىلىك يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئېچىشقا رۇخسەت قىلىش مىقدارىغا دائىر تەكشۈرۈش دوكلاتى.

سۇ مەنبەسىنى تەكشۈرۈپ باھا بېرىش خىزمىتىنى شىنجاڭ گېئولوگىيىلىك قۇرۇلۇشنى تەكشۈرۈش يۇرتى ئۈستىگە ئېلىپ ئورۇندىدى. بۇ دوكلات خېلى يۇقىرى تەتقىقات سەۋىيىسىگە ئىگە بولۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى تەكشۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا باھا بېرىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتە مەلۇم يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە.

گو جۈن

## مىچۈەن شەھىرى، كورلا شەھىرى، مورى ناھىيىسىدىكى يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى تەكشۈرۈش ۋە ئۇنى ئېچىپ پايدىلىنىشنى رايونلارغا ئايرىش دوكلاتى

بۇنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىدارىسىنىڭ 1 - گىدروگېئولوگىيىلىك قۇرۇلۇش گېئولوگىيە چوڭ ئەترىتى، 2 - گىدروگېئولوگىيىلىك قۇرۇلۇش گېئولوگىيە چوڭ ئەترىتى ئۈستىگە ئالغان، بۇ دوكلات 1999 - يىل 4 - ئاينىڭ 19 — 20 - كۈنلىرى شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىدارىسى ئۇيۇشتۇرغان باھالاپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى.

قولغا كەلتۈرۈلگەن ئاساسلىق نەتىجىلەر مۇنۇلار: بىرىنچى، مىچۈەن شەھىرى، كورلا شەھىرى، مورى ناھىيىسىنىڭ سۇ بايلىقىنى ئېچىپ پايدىلىنىش ئەھۋالى ئاساسىي جەھەتتىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان. ئىككىنچى، يىغىۋېلىنغان، ئەڭ يېڭى ماتېرىياللارغا ئاساسەن، شەھەر، ناھىيە قارمىقىدىكى مەمۇرىي رايونلار بىرلىك قىلىنىپ، 2 شەھەر بىر ناھىيىنىڭ يەر ئۈستى سۇ بايلىق مىقدارى، يەر ئاستى سۇ بايلىق مىقدارى، سۇ بايلىقىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى ھەمدە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش مىقدارى قايتىدىن ھېسابلاپ چىقىلغان؛ سۇ بايلىقىنى ھېسابلاشنىڭ ئىشەنچلىك بولۇش ۋە كاپالەتلىك قىلىش دەرىجىسى ئانالىز قىلىنغان ۋە ئۇنىڭغا باھا بېرىلگەن. ئۈچىنچى، شۇ جاينىڭ تەرەققىيات پىلانىغا بىرلەشتۈرۈپ، 2000 - يىلى، 2010 - يىللىرى سۇ بايلىقى بىلەن تەمىنلەش ۋە ئېھتىياجنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ئۈستىدە ئانالىز ۋە باھا بېرىش ئىشى ئېلىپ بېرىلىپ، يەر ئاستى سۈيىنى ئېچىپ پايدىلىنىشنىڭ دەسلەپكى پىلان لايىھىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەمدە پىلاندىكى رايونلارنى ئېچىپ پايدىلىنىش شارائىتىغا ئىزاھ بېرىلىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات داۋامىدا قوللىنىشقا تېگىشلىك كونكرېت تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. تۆتىنچى، ئېچىشقا بولىدىغان يەر ئاستى سۇ بايلىقى ۋە ھازىرقى قېزىش مىقدارىغا ئاساسەن، ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي رايونلارنىڭ يەر ئاستى سۈيىنى ئېچىش يوشۇرۇن كۈچىگە رايونلار بويىچە باھا بېرىلىپ، يەر ئاستى سۈيىنى ئېچىش يوشۇرۇن كۈچى بار رايون، ئېچىش بىلەن تولۇقلىنىشى تەڭپۇڭ بولغان رايون، يوشۇرۇن كۈچىدىن ئارتۇق قېزىلغان رايون ۋە يوشۇرۇن كۈچى يېتىشمەيدىغان رايون ئايرىپ چىقىلغان. بەشىنچى، تەكشۈرۈلگەن رايونلاردىكى يەر ئاستى سۇ بايلىقى رايونلار بويىچە پىلانلانغان بولۇپ، يەر ئاستى سۈيىنى كۆپەيتىپ ئېچىشقا بولىدىغان رايون، ئېچىش تىزگىنلىنىدىغان رايون، ئېچىش تەڭشىلىدىغان ۋە ئازايتىلىدىغان رايون ھەمدە پىلانلاپ پايدىلىنىش تەس بولغان رايونلار ئايرىپ چىقىلغان. ئالتىنچى، يەر ئاستى سۈيىنىڭ خىمىيىلىك خۇسۇسىيىتى، سۈپىتى دەرىجىگە ئايرىپ باھالانغان.

چى مېي

## شەرقىي كوئېنلۇن رايونىنىڭ 1:500000 ماسشتابلىق گېئوخىمىيىلىك خەرىتىسىنىڭ ئىزاھاتى

بۇ دوكلاتنى 1999 - يىل 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ش ئۇ ئا ر

گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىدارىسىنىڭ ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەردىن تەشكىل قىلىنغان باھالاش ھەيئىتى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى ھەمدە بۇ دوكلات «ياخشىدىن يۇقىرىراق» دەرىجىگە يەتكەن، دەپ باھا بەردى.

شەرقىي كوئېنلۇن رايونىدىكى ئەلا تۆۋەن زىچلىق بويىچە گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈش دائىرىسىنى 1:500000 ماسشتابلىق خەرىتىگە چۈشۈرۈش — دۆلەتنىڭ 9 - بەش يىللىق پىلانىدىكى ئاساسىي خاراكتېرلىك گېئولوگىيە تۈرى بولۇپ، ئۇنى شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش يۈرتى 1 - گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش تەتقىقات يۈرتىنىڭ 1 - گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئېلىپ ئورۇندىدى، بۇ تۈرگە 3 يېرىم يىل (1996 - يىلدىن 1999 - يىل 6 - ئايغىچە) ۋاقىت سەرپ قىلىندى. 1 - گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش تەتقىقات ئورنى 3 يىلدىن كۆپرەك دالىدا ۋە ئىشخانىدا جاپالىق ئىشلەش ئارقىلىق، 59 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر دائىرىنى ئەلا تۆۋەن زىچلىق بويىچە گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈپ خەرىتىگە چۈشۈرۈش ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنداپ، سۇ سىستېمىسىدىكى چۆكۈندىلەرنىڭ 1941 ئەۋرىشكىسىنى توپلىدى. بۇ قېتىمقى خىزمەت ئارقىلىق 39 خىل ئېلېمېنت (جۈملىدىن ئوكسىدلار) نىڭ گېئوخىمىيىلىك سىستېمىلىق خەرىتىسىنى ئىشلەپ چىقتى، دەسلەپكى قەدەمدە شەرقىي كوئېنلۇن رايونىدىكى 39 خىل ئېلېمېنت ۋە ئوكسىدلارنىڭ تارقىلىش، تەقسىملىنىش ۋە بىرىكىش قانۇنىيىتىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، ئالتۇن، مىس، ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرخىل بىرلىك ئېلېمېنتلارنى گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈش ئارقىلىق 1602 نورمالسىز جاي، ئۇنىۋېرسال گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈلگەن 46 نورمالسىز جاينى دائىرىگە ئالدى، گېئوخىمىيىلىك تارماق رايوندىن 3نى، ئېلېمېنتلار توپلانغان بەلۋاغدىن 9نى ئايرىپ چىقتى. ئومۇملاشتۇرۇپ تەتقىق - ئانالىز قىلىش ئاساسىدا، ئاۋۋال ئالتۇن، مىس ئاساس قىلىنغان كان تېپىلىشى قىياس قىلىنغان 12 جاينى تاللاپ چىقىپ، بۇ رايوندىكى نورمالسىزلىقنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەكشۈرۈپ دەلىللەش ۋە ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ كان تېپىش ئۈچۈن نىشان كۆرسىتىپ بەردى؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە، قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەردىن پايدىلىنىپ، شەرقىي كوئېنلۇن رايونىغا مۇناسىۋەتلىك ئاساسىي گېئولوگىيە مەسىلىسى ئۈستىدە پايدىلىق مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇنىۋېرسال گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈپ باھا بېرىش قاتارلىقلارنى مۇھىم گېئوخىمىيىلىك ماتېرىيال ۋە خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇش ئاساسى بىلەن تەمىنلىدى.

جۇاڭ داۋزې، ليۇ تو

## 1:500000 ماسشتابلىق رەقەملىك گېئولوگىيىلىك خەرىتە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى

بۇ شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىدارىسى تەتقىق قىلىپ ئورۇندىغان 1:500000 ماسشتابلىق رەقەملىك گېئولوگىيىلىك خەرىتە بولۇپ، 1999 - يىل 3 - ئايدا زېمىن بايلىقى مىنىستىرلىكى مۇتەخەسسىسلەر كومىتېتىنىڭ باھالاپ بېكىتىشىدىن ئۆتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

شىنجاڭنىڭ 1:500000 ماسشتابلىق رەقەملىك گېئولوگىيىلىك خەرىتىسى ئەسلىدىكى 1:1000000 ماسشتابلىق گېئولوگىيىلىك خەرىتىسى ئاساسىدا، 132 دانە 1:50000 ماسشتابلىق رايون دائىرىلىك تەكشۈرۈش خەرىتىسىگە دائىر يېڭى ماتېرىياللار ۋە ئالاقىدار يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى توپلاش ئاساسىدا، ھازىرقى زامان گېئولوگىيە، ستراتىگرافىيە، پېترولوگىيە قاتارلىقلارغا ئائىت يېڭى نەزەرىيە، يېڭى ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، شىنجاڭنىڭ ئۇل گېئولوگىيىسى سىستېمىلىق تەتقىق قىلىنغان، يەر قاتلاملىرى جىنىس يەر قاتلىمى بىرلىكى بويىچە، بۆسمە جىنىسلار دەۋرلەر قوشۇلما جىنىس خۇسۇسىيىتى بويىچە بىرلىكلەرگە ئايرىشقا ئوخشاش ئۇسۇللار ئارقىلىق تۈزۈپ چىقىلغان بولۇپ، ئۇل گېئولوگىيىلىك تەتقىقات دەرىجىسى ئۆستۈرۈلگەن، گېئولوگىيىلىك خەرىتىنىڭ مەزمۇنلىرى مول، ئۇچۇر مىقدارى كۆپ بولۇپ، جىنسلىق يەر قاتلىمى بىرلىكىدىن 459 نى، بۆسمە جىنىس دەۋرى قوشۇلما جىنسلىق بىرلىكىدىن 96نى، مەملىكەت خاراكتېرلىك رايون دائىرىلىك 16 يېرىلمىغا دائىر ماتېرىياللارنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. شىنجاڭنىڭ 1:500000 ماسشتابلىق رەقەملىك گېئولوگىيىلىك خەرىتىسىنى تۈزۈش جەريانىنىڭ ھەممىسى كومپيۇتېرنىڭ ياردىمى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان، خەرىتە تۈزۈش ئۇسۇلى يېڭى، تۈزۈلگەن خەرىتىلەرنىڭ نازۇكلۇق دەرىجىسى يۇقىرى بولغان. ئۇ، گرافىكلىق رەقەملەشتۈرۈش ئاساسىدا، ئالاقىدار ئالاھىدىلىك بەرپا قىلىنىپ، GIS بوشلۇق سانلىق مەلۇمات ئامبىرى شەكىللەندۈرۈلۈپ، خەرىتىلەرنى خالىغانچە قاتلاش ۋە بىرىكتۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇنىۋېرسال تەتقىقات، پەن تەتقىقاتى، ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن كۈچلۈك قورال يەتكۈزۈپ بېرىلگەن.

شىنجاڭنىڭ 1:500000 ماسشتابلىق رەقەملىك گېئولوگىيىلىك خەرىتىسى ئاپتونوم رايون بويىچە GIS تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ ئىشلەنگەن تۇنجى خەرىتە ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ تەتقىقات نەتىجىسى مەملىكەت بويىچە

ئوخشاش خىلدىكى تۈرلەر ئىچىدە ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتكەن، خەلقئارادا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ.

شياۋ جىجيەن

## گېئولوگىيىلىك قېزىلما بايلىقلارغا دائىر جۇغراپىيىلىك ئۇچۇر سىستېمىسى (GIS) قوللىنىلدى

1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايوندا شىنجاڭنىڭ 1:500000 ماسشتابلىق رەقەملىك گېئولوگىيىلىك خەرىتىسى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا GIS بوشلۇق سانلىق مەلۇمات ئامبىرى تۇرغۇزۇلدى؛ ئۇلار: 76 دانە 1:200000 ماسشتابلىق رەقەملىك گېئولوگىيىلىك خەرىتىسىنىڭ GIS بوشلۇق سانلىق مەلۇمات ئامبىرى؛ نەچچە 10 دانە 1:50000 ماسشتابلىق رەقەملىك گېئولوگىيىلىك خەرىتىسى GIS بوشلۇق سانلىق مەلۇمات ئامبىرى، شىنجاڭنى ئومۇملاشتۇرۇپ رايونلارغا ئايرىش GIS سىخىسا ئامبىرى؛ شۇلار بىلەن بىرگە يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن شىنجاڭنىڭ قېزىلما بايلىق سانلىق مەلۇمات ئامبىرى، شىنجاڭنىڭ قېزىلما بايلىق گرافىك سانلىق مەلۇمات ئامبىرى، شىنجاڭنىڭ قېزىلما بايلىق چىقىدىغان يەرلىرىگە دائىر سانلىق مەلۇمات ئامبىرى؛ شىنجاڭنىڭ رايون دائىرىلىك گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈش سانلىق مەلۇمات ئامبىرى، شىنجاڭنىڭ رايون دائىرىلىك ئېغىرلىق كۈچى سانلىق مەلۇمات ئامبىرى، شىنجاڭنىڭ رايون دائىرىسىنى ھاۋادىن ماگنىتلىق ئۆلچەش سانلىق مەلۇمات ئامبىرى، شىنجاڭنىڭ گېئولوگىيىلىك ئۆلچەپ سىزىش سانلىق مەلۇمات ئامبىرى، شىنجاڭنىڭ قېزىلما بايلىق زاپىسى سانلىق مەلۇمات ئامبىرى، شىنجاڭنىڭ يەر ئاستى سۈيى ھەرىكەت ھالىتى سانلىق مەلۇمات ئامبىرى، شىنجاڭنىڭ كانچىلىق سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قاتارلىق 20 دىن كۆپرەك ئاساسلىق سانلىق مەلۇمات ئامبىرىدىن ئىبارەت. يۇقىرىقى سىستېمىلارنىڭ تۇرغۇزۇلۇشى ئاپتونوم رايونىنىڭ گېئولوگىيىلىك قېزىلما بايلىقلار ساھەسىدە GISنى قوللىنىش سەۋىيىسىنى ئۆلكە - ئاپتونوم رايونلارنىڭ شۇ ساھەسىدىكى ئالدىنقى قاتارىغا كىرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونىنىڭ گېئولوگىيىلىك تەتقىقاتى ۋە قوللىنىش سەۋىيىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈردى.

شياۋ جىجيەن

## تەبىئىي مىنېرال ئىچىملىك سۇ مەنبەسىنىڭ سۇ سۈپىتى يىللىق تەكشۈرۈلدى

گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلار نازارىتى 1999 - يىل 7 - ئايلاردا ئاپتونوم رايوندىكى تەبىئىي مىنېرال ئىچىملىك سۇ ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنىڭ مىنېرال سۇ مەنبەسىنىڭ سۇ سۈپىتىنى يىللىق تەكشۈردى ھەمدە نەتىجىسىنى «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى»دە ئېلان قىلدى. 1999 - يىلى بوتۇلكىلىق ئىچىملىك سۇ بازىرىدا رىقابەت كەسكىن بولۇپ، ئاپتونوم رايون سىرتىدىن كۆپلىگەن ساپ سۇ بازارغا كىرگۈزۈلگەنلىكتىن نۇرغۇن مىنېرال سۇ كارخانىلىرى ئىشلەپچىقىرىشنى توختىتىشقا ياكى تاقىۋېتىشكە مەجبۇر بولدى. ھازىر مىنېرال سۇ ئىشلەۋاتقان كارخانىدىن 6 سى قالدى. يىللىق تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، مىنېرال سۇ ئىشلەيدىغان بۇ 6 كارخانا ئىشلىتىۋاتقان سۇ مەنبەسىدىكى سۇنىڭ سۈپىتى خەلقئارا ئۆلچەم «تەبىئىي مىنېرال ئىچىملىك سۈيى (GB8537—1995) تەلىپىگە پۈتۈنلەي ئۇيغۇن كەلگەن، يىللىق تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولغانلارنىڭ نىسبىتى %100كە يەتكەن. مىنېرال ئىچىملىك سۇ ئىشلەيدىغان بىر زاۋۇت زېمىن بايلىقى مىنىستىرلىكىنىڭ يىللىق تەكشۈرۈشىگە قاتناشتۇرۇلدى، بۇ زاۋۇت مىنىستىرلىكنىڭ يىللىق تەكشۈرۈشىدە لاياقەتلىك بولدى.

چى مىي

## گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئورۇنلىرىنىڭ سالاھىيىتى بىر تۇتاش تەكشۈرۈلدى

گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئورۇنلىرىنىڭ سالاھىيىتىنى باشقۇرۇش چارىسىغا ئاساسەن، ش ئۇ ئا ر گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىدارىسى 1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى 74 گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئورۇنلىرىنىڭ سالاھىيىتىنى بىر تۇتاش تەكشۈردى، بۇلار ئىچىدە بىر تۇتاش تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولۇپ، لاياقەتلىك كىنىشكىسى ئالغانلار 60، سالاھىيەت ئورنىنىڭ نامىنى ئۆزگەرتىشنىڭ تەستىقلىنىشىنى كۈتۈۋاتقانلار 6، سالاھىيىتىنى بىر تۇتاش تەكشۈرۈشتە ئۆتەلمىگەنلەر 8.

ساۋ جيەنجۇن

## تەكشۈرۈش تۈرلىرىنىڭ تىزىمغا ئېلىنىش ئەھۋالى

1999 - يىل 10 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە تەكشۈرۈشنى تىزىمغا ئالدۇرۇش تۈرىدىن جەمئىي 550ى قوبۇل قىلىندى، كان تەكشۈرۈش ھوقۇقى ئىجازەتنامىسىدىن 419ى قانۇن بويىچە تەكشۈرۈپ تارقىتىلدى، بۇلار ئىچىدە قىممەتلىك مېتال كان مەھسۇلاتىغا دائىرى 250 (ئالتۇن كېنى 249، مىس كېنى بىر)، قارامېتال كان مەھسۇلاتلىرىغا دائىرى 18 (تۆمۈر كېنى 8، مانگان كېنى 10)، رەڭلىك مېتال كان مەھسۇلاتلىرىغا دائىرى 71 (مىس كېنى 66، قەلەي - سىنىك كېنى 2، سۈرمە كېنى 2)، سىرەك يەر مېتال كان مەھسۇلاتىغا دائىرى 3، مېتاللوئىد كان

مەھسۇلاتىغا دائىرى 76 (كالىيلىق تۇز كېنى 47، كۆمۈر كېنى 8، ھاك تېشى كېنى بىر، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى كان مەھسۇلاتىغا دائىرى 20)، گازلىق سۇ كان مەھسۇلاتىغا دائىرى بىر. تەكشۈرۈش ھوقۇقى ئىجازەتنامىسىدىن 35ى تەستىقلاپ تارقىتىلدى، بۇلار ئىچىدە رايون دائىرىسىدە گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش تۈرى 15، رايون دائىرىسىدە گىدروگېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش تۈرى 3، رايون دائىرىسىدە گېئوفىزىكىلىق - خىمىيىلىك تەكشۈرۈش تۈرى 17.

ئاپتونوم رايون بويىچە باشقىلارنى چەتكە قېقىش خاراكتېرىدىكى تەكشۈرۈش رايونلىرىنىڭ كۆلىمى 7685.6 كۋادرات كىلومېتىرغا يېتىدۇ. تەكرار ۋە گىرەلەشمە تۈردىن 23ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، 2 مىليون 935 مىڭ يۈەن مەبلەغنىڭ تەكرار سېلىنىشىنىڭ ئالدى ئېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە تەكشۈرۈش تۈرىدىن 73ى مەبلەغ ئەمەلىيلەشتۈرۈلمىگەنلىكتىن ئىلتىماستىن ۋاز كەچتى.

ئاپتونوم رايون بويىچە تەكشۈرۈش تۈرلىرىنى تىزىملاش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ساھەلەردىن ھالقىپ كېتىش دائىرىسى زور بولۇپ، ئاساسەن، ئاپتونوم رايوندىكى بارلىق گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ساھەلىرىگە بېرىپ چېتىلىدۇ. تۈرلەرنىڭ خاراكتېرىدىن قارىغاندا، ھېلىمۇ پىلان ئىچىدىكى تۈرلەر ئاساس قىلىنىپ، ئۆزى مەبلەغ سالىدىغان تۈرلەر 1998 - يىلدىكىگە قارىغاندا 579% ئاشقان. بۇلار ئىچىدە پىلان ئىچىدىكى تۈرلەر 243 بولۇپ، تارقىتىلغان ئومۇمىي ئىجازەتنامە سانىنىڭ 58%نى ئىگىلىگەن؛ بازارغا دائىر تۈر 14 بولۇپ، 3.3%نى ئىگىلىگەن؛ تەكشۈرۈش فوندى تۈرى 52 بولۇپ، 12.4%نى ئىگىلىگەن؛ ئۆزى مەبلەغ سالىدىغان تۈرلەر 110 بولۇپ، 26.3% نى ئىگىلىگەن. تەكشۈرۈش باسقۇچىدىن قارىغاندا، ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش باسقۇچى ئاساس قىلىنىپ، 409 تۈر تەكشۈرۈلۈپ، تارقىتىلغان ئىجازەتنامە ئومۇمىي سانىنىڭ 97.6%نى ئىگىلىگەن؛ تەپسىلىي تەكشۈرۈش باسقۇچىدىكى تۈر 8 بولۇپ، 1.9%نى ئىگىلىگەن؛ تەكشۈرۈش باسقۇچىدىكى تۈر 2 بولۇپ، 0.5%نى ئىگىلىگەن. تەكشۈرۈلگەن كان تۈرلىرىدە قىممەتلىك مېتال كان مەھسۇلاتلىرىدىن ئالتۇن ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. قالغانلىرى مېتاللوئىد كان مەھسۇلاتلىرىدىن كالىيلىق تۇز كېنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە كان ھوقۇقى ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىش - تەكشۈرۈش - ئىجازەتنامە بېرىشتە كومپيۇتېر ئارقىلىق باشقۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش رايون بۆلىكىنى تىزىملاپ باشقۇرۇش ئۇچۇرى سانلىق مەلۇمات ئامبىرى تۇرغۇزۇلدى ھەمدە سانلىق مەلۇمات ئامبىرىدىن پايدىلىنىپ MAPJIS سىستېمىسى ئارقىلىق «شىنجاڭنىڭ قېزىلما بايلىقنى تەكشۈرۈش تەتقىقات خەرىتىسى» سىزىپ چىقىلدى، سانلىق مەلۇماتلارنىڭ نازۇكلۇق دەرىجىسى بىلەن توغرىلىق دەرىجىسى ئۆستۈرۈلدى. زېمىن بايلىقى مىنىستىرلىكىنىڭ كومپيۇتېر تورىغا كىرىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، بۇنىڭ بىلەن كان تەكشۈرۈش ھوقۇقىنى باشقۇرۇشقا دائىر ئۇچۇرلار تور ئارقىلىق زېمىن بايلىقى مىنىستىرلىكىنىڭ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش مەھكىمىسىگە يوللاپ تۇرۇلىدىغان بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، كومپيۇتېر تورى ئارقىلىق زېمىن بايلىقى مىنىستىرلىكىنىڭ ۋە باشقا ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ ئالاقىدار ئۇچۇرلىرىمۇ قوبۇل قىلىنىدىغان بولدى.

لاڭ جىجۈن، نا جيا

## تەكشۈرۈش ئىجازەتنامىسىنى ئالماشتۇرۇش خىزمىتى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى

«قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈشتە رايون - بۆلەكلەر بويىچە تىزىملاپ باشقۇرۇش چارىسى»گە ۋە زېمىن بايلىقى مىنىستىرلىكىنىڭ «تەكشۈرۈش ئىجازەتنامىسى، كان قېزىش ئىجازەتنامىسىنى ئالماشتۇرۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا دائىر بەلگىلىمە توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى»غا ئاساسەن، ئاپتونوم رايوننىڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش ئىجازەتنامىسىنى ئالماشتۇرۇش خىزمىتى 2 يىل ئىشلىنىپ، شەرتلەرگە ئۇيغۇن بولغان 348 تەكشۈرۈش ئىجازەتنامىسى ئالماشتۇرۇپ بېرىلدى، تەكشۈرۈلگەن ئومۇمىي كۆلىمى 8971 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى. مۇددىتى توشقان، پىلان، مەبلەغنىڭ مەنبەسى بولمىغان، كان تېپىش ئىستىقبالى ياخشى بولمىغان بىر تۈركۈم تەكشۈرۈش ئىجازەتنامىسى كۈچتىن قالدۇرۇلدى، تەكشۈرۈش ئىجازەتنامىسى ئىجازەتنامە ئالماشتۇرۇشتىن ئىلگىرىكى 833 تىن 348 گە ئازايتىلدى، جاي ئىگىلىۋېلىش ئەھۋاللىرى توسۇپ قېلىندى. بۇ خىزمەت 1999 - يىل 8 - ئايدا زېمىن بايلىقى مىنىستىرلىكى ئىجازەتنامە ئالماشتۇرۇشنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش گۇرۇپپىسىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى ھەمدە زېمىن بايلىقى مىنىستىرلىكىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

لاڭ جىجۈن، نا جيا

## كان ئاچقۇچىلارنىڭ ئىجازەتنامىسىنى ئالماشتۇرۇپ بېرىش خىزمىتى

1997 - يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي 4405 كانچىلىق كارخانىسى بار ئىدى. ئىجازەتنامە بېرىشنى باشقۇرۇش ھوقۇق دائىرىسىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىجازەتنامە ئالماشتۇرۇشقا تېگىشلىك كانچىلىق



جۇڭگو قۇرۇلۇش ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى چېن بۈچۈەن (سولدا) بىلەن شىنجاڭ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ باش ئىنژېنېرى ۋاڭ فۇتوڭ قۇمۇل شەھىرىنىڭ تۇۋۋۇ مىس كېنىدىن بۇرغىلاپ ئېلىنغان كېرىنى كۆزىتىپ تەتقىق قىلماقتا.

سۇن جەنخەي، ۋۇ بىن فوتوسى

كارخانىسى 2083 بولۇپ، بۇلار ئىچىدە كۆمۈر كان 1377، مېتال ۋە مۇھىم مېتاللوئىد كېنى 706؛ ھەر قايسى ناھىيە، شەھەرلەردىكى ئىجازەتنامە ئالماشتۇرۇشقا تېگىشلىك كان 3222 بولۇپ، ئاساسەن شېغىل، خىش قۇيۇشقا ئىشلىتىلىدىغان توپا كېنى قاتارلىق باشقا مېتاللوئىد كېنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1999 - يىلى گوۋۇيۈەن كۆمۈرچىلىك ساھەسىدە تاقالغان قۇدۇقلاردا ئىشلەپچىقىرىشنى توختاتتى، كۆمۈر كانلاردىكى كانچىلىق ماجىرالىرىنى باشقا قىزىلما بايلىق ساھەسىدىكى ماجىرالارغا قارىغاندا كۆپرەك بولدى. شۇڭا قېزىلما بايلىقلار نازارىتى ئىجازەتنامىنى ئالماشتۇرۇش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، كۆمۈر كانلارغا ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى بېرىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئىجازەتنامە ئالماشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ پىلان بويىچە يولغا قويۇلۇشى ۋە ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. ئەسلىدىكى قېزىش دائىرىسىنى ئاساس قىلىش كېرەكلىكىنى، كان رايونى دائىرىسىنى خالىغانچە كېڭەيتىشكە بولمايدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. مۇشۇ ئاساستا، ئىلگىرى تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان كان رايونىدىكى تەكرارلىنىشنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى. ئۈرۈمچى - سانجى رايونلىرى ھەمدە كۆمۈركان كۆپ بولغان ناھىيىلەر، مەسىلەن ساۋەن، شىخۇ قاتارلىق جايلارنى مەركەزلىك تەكشۈرۈپ، ئىلگىرى كۆمۈر قاتلىمى بويىچە ئايرىپ بېكىتىلگەن كان رايونى دائىرىسىدىكى ھادىسىلەرنى تۈزىتىپ، كانچىلىققا دائىر ماجىرالارنىڭ ئالدىنى ئالدى. كان قېزىش ھوقۇقىغا ئېرىشكۈچىلەرنىڭ سۇبيېكتلىق خاراكتېرى كۆچەيتىلدى. ئەگەر ئۆزگىرىش بولسا، مۇناسىپ ھالدا كارخانىلارنىڭ تۈزۈلمە ئۆزگەرتكەنلىك ھۆججىتى ياكى سودا - سانائەت تارماقلىرىنىڭ تىزىمغا ئالغانلىق ئىسپاتى كۆرسىتىلىدىغان بولدى. بىر تەرەپتىن، مەبلەغ سالغۇچىلارنى بەنى كان قېزىش ھوقۇقىغا ئېرىشكەنلەرنى كۆزدە تۇتۇش بىرىنچى تولۇق كەۋدىلەندۈرۈلۈپ، كۆرۈنۈشتە كوللېكتىپ نامىدا ئىجازەتنامە ئېلىپ ئەمەلىيەتتە شەخسلەر كان ئاچىدىغان ئەھۋال تۈزىتىلدى، يەنە بىر تەرەپتىن، كانچىلىق ھوقۇقىنى قانۇنسىز ھالدا باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىدىغان ئەھۋالنىڭ ئالدى ئېلىندى.

1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر كان قېزىشنى تىزىملىتىش ئىلتىماسىدىن جەمئىي 1404ى قوبۇل قىلىندى، جەمئىي 666 ئىجازەتنامە تارقىتىلىپ %47.44 ئورۇندالدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 256 كان قۇدۇقى تاقىۋېتىلدى، بۇلار ئىچىدە كان قېزىش شەرتلىرىگە ئۇيغۇن كەلمىگەنلەر 228، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مۇۋاپىق بولمىغانلار 28. كان قۇدۇقىنى قېزىش رايونلىرىدا قەۋەتلىشىپ قالغانلىرىدىن 201ى ھەل قىلىندى. 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، كۆمۈركان ئىجازەتنامىسىنى ئالماشتۇرۇش ماتېرىياللىرىنى قوبۇل قىلىش توختىتىپ قويۇلغاندىن كېيىنمۇ كۆمۈركان ئىجازەتنامىسى ئىلتىماسىدىن 1189ى قوبۇل قىلىندى، كۆمۈر كان ئېچىش ئىجازەتنامىسىدىن 549 ى ئالماشتۇرۇپ بېرىلدى، ئىجازەتنامە ئالماشتۇرۇش %46.17كە يەتتى، باشقا كان مەھسۇلاتلىرىغا دائىر باشقا ئىلتىماستىن 215ى قوبۇل قىلىندى. 107 ئىجازەتنامە تارقىتىلدى (بۇلار ئىچىدە ئالتۇن كېنى 23، مىس كېنى 6، تۆمۈر كېنى 13، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىغا كېرەكلىك مېتاللوئىد 31، باشقا كان مەھسۇلاتلىرىغا دائىرى 34) بولۇپ، ئىجازەتنامە تارقىتىش نىسبىتى %54.42 بولدى.

لاڭ جىجۈن، جاڭ ۋېنشېڭ

## قىزىلما بايلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش ۋە ئۇنىڭ بىلەن تەمىنلەش ئومۇملاشتۇرۇپ ستاتىستىكا قىلىندى

1998 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە قىزىلما بايلىق مەھسۇلاتلىرى، مىنېرال خام ئەشيالارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 20 مىليارد 176 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 2.81% ئېشىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 26.26%نى ئىگىلىدى. ئالاقىدار پىششىقلانما مەھسۇلاتلارنىڭ قىممىتى 20 مىليارد 198 مىليون يۈەنگە يەتتى. مىنېرال خام ئەشيا چىقىدىغان كان تۈرى 46 خىل، ئالاقىدار پىششىقلاپ مەھسۇلات چىقىدىغان كان تۈرى 21 خىل.

مۇشۇ يىلى مىنېرال خام ئەشيالارنىڭ ئاپتونوم رايوندا سېتىلىش سوممىسى 15 مىليارد 164 مىليون يۈەنگە، ئالاقىدار پىششىقلانما مەھسۇلاتلارنىڭ ئاپتونوم رايوندا سېتىلىش سوممىسى 16 مىليارد 903 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئاپتونوم رايون سىرتىغا 5 مىليارد 654 مىليون يۈەنلىك مىنېرال خام ئەشيا سېتىلدى، ئۇلار ئاساسەن نېفىت (96.05%نى ئىگىلىدى) بىلەن كۆمۈردىن ئىبارەت. ئاپتونوم رايون سىرتىدىن 32 مىليون يۈەنلىك مىنېرال خام ئەشيا سېتىۋېلىندى. ئاپتونوم رايوننىڭ سىرتىغا 5 مىليارد 39 مىليون يۈەنلىك ئالاقىدار پىششىقلانما مەھسۇلات سېتىلدى. ئاپتونوم رايون سىرتىدىن 164 مىليون يۈەنلىك ئالاقىدار پىششىقلانما مەھسۇلات سېتىۋېلىندى. مۇشۇ يىلى ئاپتونوم رايون سىرتىغا 5 مىليارد 622 مىليون يۈەنلىك مىنېرال خام ئەشيا كۆپ چىقىرىلدى، چىقىرىلغىنى كىرگۈزۈلگىنىنىڭ 176.69 ھەسسىگە تەڭ بولدى.

1998 - يىلى شىنجاڭ قىزىلما بايلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 8 مىليون دوللارغا، ئىمپورت ئومۇمىي سوممىسى 278 مىليون دوللارغا يەتتى، تەتۈر پەرق 270 مىليون دوللار بولدى.

جۇ لىشىن

## 1999 - يىلدىكى گېئولوگىيىلىك ئاپەت ئەھۋالى

قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ، بايىنغولىن، ئالتاي، تارباغاتاي، قاراماي، قۇمۇل، بورتالا قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ۋە شىخەنزە شەھىرىنىڭ ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، 1999 - يىلى سىيرىلىپ چۈشۈش، گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈش، لاتقا - شېغىللىق ئېقىن، گاز پارتلاش، ئۆرۈلۈپ چۈشۈش، تاش بېسىۋېلىش، كۆمۈر قاتلىمىغا ئوت كېتىش قاتارلىق گېئولوگىيىلىك ئاپەتلەر 44 قېتىم يۈز بېرىپ، 53 مىليون 900 مىڭ يۈەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان بولغان، 43 ئادەم ئۆلگەن، 13 ئادەم يارىلانغان، 23 ئادەم يوقاپ كەتكەن.

1998 - يىلدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، 1999 - يىلى يۈز بەرگەن گېئولوگىيىلىك ئاپەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى مۇنداق بولدى:

1. ئاپەت يۈز بەرگەن ۋاقىت 1998 - يىلدىكىگە قارىغاندا كۆرۈنەرلىك ھالدا ئالدىغا سۈرۈلگەن. دەسلەپكى ئاپەت يۈز بەرگەن ۋاقىت 1998 - يىل 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئىلگىرى سۈرۈلۈپ 1999 - يىل 1 - ئاينىڭ باشلىرىغا توغرا كەلگەن. 2. تۇيۇقسىز يۈز بېرىدىغان گېئولوگىيىلىك ئاپەتلەرنىڭ تەبىئىي ئامىللىرى كۆپەيگەن. 1998 - يىلى تەبىئىي تەسىر كۆرسەتكەن ئامىل ئاساسەن يامغۇر بولغان بولسا، 1999 - يىلى يامغۇر ئامىلىدىن باشقا يەنە يەر تەۋرەش ئامىلىنىڭ تەسىرى قوشۇلغان. 3. ئاپەتنىڭ يۈز بېرىش قېتىم سانى 1998 - يىلدىكىدىن 28 قېتىم كۆپەيگەن، يارىلانغان، ئۆلگەن ئادەمدىن 29ى كۆپەيگەن، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 25 مىليون يۈەن كۆپەيگەن.

چېن بىڭ

## گېئولوگىيىلىك ئاپەتتىن مۇداپىئەلىنىش - باشقۇرۇش ئەھۋالى

1999 - يىل 5 - ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە 15 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنىڭ گېئولوگىيىلىك ئاپەتتىن مۇداپىئەلىنىش لايىھىسى تاماملاندى ھەمدە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 1999 - يىلى كەلكۈن مەزگىلىدە گېئولوگىيىلىك ئاپەتتىن مۇداپىئەلىنىش لايىھىسى» تۈزۈپ چىقىلىپ، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن زېمىن بايلىقى مىنىستىرلىكىگە يوللاندى. بۇ لايىھەدە جايلاردىكى ئاساسلىق گېئولوگىيىلىك ئاپەتلەر ئاسان يۈز بېرىدىغان رايونلار، نۇقتىلىق رايونلار (يەر بۆلەكلىرى، نۇقتىلار) ئالدىن مۆلچەرلىنىپ، مۇداپىئە تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

4 - ئايدىن 5 - ئايغىچە ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە كەڭ كۆلەمدە «گېئولوگىيىلىك ئاپەتلەردىن مۇداپىئەلىنىش» ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. ھەر دەرىجىلىك گېئولوگىيە - قىزىلما بايلىق تارماقلىرى بىلەن ئۇنىڭ قارمىقىدىكى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئورۇنلىرى بۇنىڭغا 1000 دىن كۆپرەك خادىمنى ئىشقا سالدى، 100 دىن كۆپرەك ئورۇندا تەشۋىقات - مەسلىھەتچىلىك نۇقتىسى قۇردى، تەشۋىقات ئاپتوموبىلىدىن 10 نەچچىنى ئىشقا سالدى، تەشۋىقات لوزۇنكىلىرىنى ئاستى، 100

نەچچە پارچە تەشۋىقات تاختىسى ئىشلەپ كۆرگەزمە قىلدى. ھەرخىل تەشۋىقات ماتېرىياللىرىدىن 140 مىڭ نۇسخا چاپلىدى ۋە تارقاتتى، 20 دىن كۆپرەك ناھىيە (شەھەر) دىكى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى «گېئولوگىيىلىك ئاپەتلەردىن مۇداپىئەلىنىش» ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش سىنئالغۇ فىلىملىرىنى قويدى.

1999 - يىلى شۇ جايلاردىكى گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلارنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى ۋە گېئولوگىيىلىك مۇھىتنى نازارەت قىلىش - ئۆلچەش پونكىتلىرى توپۇقسىز يۈز بەرگەن 33 قېتىملىق گېئولوگىيىلىك ئاپەت ئۈستىدە تەلەپ بويىچە جىددىي تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. 7 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا «كەلكۈن مەزگىلىدە گېئولوگىيىلىك ئاپەتلەردىن مۇداپىئەلىنىش خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا جىددىي ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

شىنجاڭنىڭ تۇنجى رايون دائىرىلىك گېئولوگىيىلىك ئاپەتلەرنى تەكشۈرۈش تورى — ئىلى ۋىلايىتىدىكى گېئولوگىيىلىك ئاپەتلەرنى تەكشۈرۈش دالا خىزمىتى ئورۇندالدى، ئۇنىڭ نەتىجىسى بۇ رايوندىكى گېئولوگىيىلىك ئاپەتلەردىن مۇداپىئەلىنىش پىلانىنى تۈزۈش ۋە ئالدىنى ئېلىپ باشقۇرۇش خىزمىتى ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئاساس سالدى. مېتېئورولوگىيىلىك ئالدىن كۆزىتىشكە ئاساسەن 2000 - يىلدىكى گېئولوگىيىلىك ئاپەتلەرنىڭ يۈزلىنىشى ئالدىن مۆلچەرلىنىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ماكرولۇق تەدبىر بەلگىلىشىنى ئاساس بىلەن تەمىنلىدى. زېمىن بايلىقى مىنىستىرلىكىنىڭ «گېئولوگىيىلىك ئاپەتلەردىن مۇداپىئەلىنىشنى باشقۇرۇش چارىسى»، «قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلىدىغان يەرلەرنى تەكشۈرۈپ بېقىش ۋە تەستىقلاش - باشقۇرۇش چارىسى» دىكى تەلەپلەر بويىچە، قۇرۇلۇش مەيدانلىرىنىڭ گېئولوگىيىلىك ئاپەت خەتىرىگە باھا بېرىشكە دائىر تۇنجى نەتىجە قوبۇل قىلىنىپ ئېتىراپ قىلىندى. شىنجاڭنىڭ گېئولوگىيىلىك ئاپەت (كانلارنىڭ گېئولوگىيىلىك مۇھىتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى تەتقىق قىلىپ تۇرغۇزۇش خىزمىتى تاماملاندى.

چېن بىڭ

## ئىلغارلار تەقدىرلەندى

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىدارىسى 3 - گېئولوگىيە چوڭ ئەترىتىنىڭ ئىشچىلار ئۆيۈشمىسىغا، 1 - رايون دائىرىلىك گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش چوڭ ئەترىتىنىڭ ئىشچىلار ئۆيۈشمىسىغا مەملىكەتلىك كۆمۈر كان - گېئولوگىيە ئىشچىلار ئۆيۈشمىسى «ئۈلگىلىك ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئائىلىسى» دەپ نام بەردى؛ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىدارىسى ئىشچىلار ئۆيۈشمىسى خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لەي دېسۇڭگە، پاردەمچى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچى خادىم ۋاڭ شيۇجىنغا، 9 - گېئولوگىيە چوڭ ئەترىتى پارتكومىنىڭ شۇجىسى قوشۇمچە ئىشچىلار ئۆيۈشمىسىنىڭ رەئىسى شيا شەنچاڭغا، ئىدارە يەن تەتقىقات ئورنى ئىشچىلار ئۆيۈشمىسىنىڭ رەئىسى ۋاڭ خەيتاۋغا مەملىكەتلىك كۆمۈر كان - گېئولوگىيە ئىشچىلار ئۆيۈشمىسى «مۇنەۋۋەر ئىشچىلار ئۆيۈشمىسى خىزمەتچىسى» دەپ نام بەردى؛ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىش تەجرىبە - تەتقىقات ئورنىنىڭ ئىنژېنېرى شى جىنپىڭغا، 1 - گىدروگېئولوگىيە چوڭ ئەترىتى تارماق ئەترىتىنىڭ باشلىقى جاۋ يىغا، 1 - رايون دائىرىلىك تەكشۈرۈش چوڭ ئەترىتى تارماق ئەترىتىنىڭ ئىشچىلار ئۆيۈشمىسى رەئىسى يۇ خەيشىڭگە مەملىكەتلىك كۆمۈر كان - گېئولوگىيە ئىشچىلار ئۆيۈشمىسى «مۇنەۋۋەر ئىشچىلار ئۆيۈشمىسى ئاكتىپى» دەپ نام بەردى؛ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىدارىسى ئىشچىلار ئۆيۈشمىسى خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لەي دېسۇڭگە مەملىكەتلىك كۆمۈر كان - گېئولوگىيە ئىشچىلار ئۆيۈشمىسى «مۇنەۋۋەر ئىشخانا مۇدىرى» دەپ نام بەردى؛ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىدارىسى 3 - گېئولوگىيە چوڭ ئەترىتىنىڭ باشلىقى سۇڭ سۈگۈەنگە، 1 - گىدرولوگىيە چوڭ ئەترىتىنىڭ باشلىقى جاڭ توڭغۇغا، كان مەھسۇلاتلىرى تەجرىبە - تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى، قوشۇمچە پارتكوم شۇجىسى لى زېجاڭغا مەملىكەتلىك كۆمۈر كان - گېئولوگىيە ئىشچىلار ئۆيۈشمىسى «مۇنەۋۋەر ئىشچى - خىزمەتچىلەر دوستى» دەپ نام بەردى.

لەي دېسۇن

# يەر تەۋرەش

## شىنجاڭ رايونىدىكى ۋە قوشنا رايونلاردىكى يەر تەۋرەش ئەھۋالى

1999 - يىلى شىنجاڭ يەر تەۋرەش ئىستانسا - تورلىرىنىڭ خاتىرىلىشىچە شىنجاڭ تەۋەسىدە 6303 قېتىم يەر تەۋرىگەن، ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى چېگرا رايونلىرىدا 441 قېتىم يەر تەۋرىگەن. بۇلار ئىچىدە ئاپتونوم رايون تەۋەسىدە تەۋرەش دەرىجىسى (M) 2 بالدىن تۆۋەن 5426 قېتىم يەر تەۋرىگەن، 703 قېتىم 2 — 2.9 بال، 149 قېتىم 3 — 3.9 بال، 18 قېتىم 4 — 4.9 بال، 7 قېتىم 5 — 5.9 بال يەر تەۋرىگەن. 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى كۇچا ناھىيىسىدە

5.7 بال يەر تەۋرىدى، بۇ مۇشۇ يىل ئىچىدە شىنجاڭ تەۋەسىدىكى ئەڭ كۈچلۈك يەر تەۋرەش ھېسابلىنىدۇ.

1999 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ يەر تەۋرەش ھەرىكىتى سەۋىيىسى ئىلگىرىكى 2 يىلدىكىدىن كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىدى، يەر تەۋرەش چاستوتىسى 10 يىللىق ئوتتۇرىچە قىممەتكە يېقىنلاشتى، يەر تەۋرەشنىڭ كۈچلۈكلىكىمۇ 90 ـ يىللاردىن بۇيان بىر قەدەر تۆۋەن بولغان بىر يىل بولدى، مۇشۇ يىلدا 6 بالدىن يۇقىرى يەر تەۋرىمىدى.

مۇشۇ يىلدا شىنجاڭ رايونىدىكى ئوتتۇراھال كۈچلۈك يەر تەۋرەش ھەرىكىتىنىڭ ئاساسىي بۆلەك رايونلىرىدىمۇ خېلى ئۆزگىرىش بولدى، يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا يەر تەۋرەش ھەرىكىتى كۈچلۈك بولغان جەنۇبىي تەڭرىتاغدىكى يەر تەۋرەش بەلۋېغىنىڭ غەربىي بۆلىكى ۋە غەربىي كۇئېنلۇن يەر تەۋرەش بەلۋېغىدا تەدرىجىي تىنچلىنىش ئالامەتلىرى كۆرۈلدى. پەيزاۋاتتىكى كۈچلۈك يەر تەۋرەش توپلاشقان رايوندىكى قىسمەن ئوتتۇراھال كۈچلۈك يەر تەۋرەشنى ھېسابقا ئالمىغاندا، جەنۇبىي تەڭرىتاغنىڭ ئوتتۇرا شەرقىي بۆلىكى ئوتتۇراھال كۈچلۈك يەر تەۋرەش ھەرىكىتىنىڭ يېڭى ئاساسلىق رايونىغا ئايلىنىپ قالدى. 1999 ـ يىلى يۈز بەرگەن 5 بالدىن يۇقىرى 7 قېتىملىق يەر تەۋرەش ئىچىدە 4 قېتىمقىسى مەركەزلىك ھالدا مۇشۇ جايدا يۈز بەردى. ھەمدە توپلاشما كىچىك يەر تەۋرەش ھەرىكىتى كۆرۈلدى؛ ئۇنىڭدىن باشقا، ئالتۇنتاغ يەر تەۋرەش بەلۋېغىنىڭ چەرچەن — چاقىلىق لىنىيىسىدىكى يەر تەۋرەش ھەرىكىتىمۇ خېلى كۈچەيدى.

ئومۇمەن ئالغاندا، ئوتتۇراھال كۈچلۈك يەر تەۋرەش ھەرىكىتى كۆرۈلگەن ئاساسلىق رايونلار تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي بۇرجىكىدىن شەرقىي شىمالىي بۇرجىكىگە كۆچۈشتەك يۈزلىنىش ئىپادىلەندى. جەنۇبىي تەڭرىتاغدا يەر تەۋرەش ھەرىكىتى خېلى كۈچەيدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، شىمالىي تەڭرىتاغ يەر تەۋرەش بەلۋېغى بىلەن ئالتاي يەر تەۋرەش بەلۋېغى ناھايىتى تىنچ بولدى، مۇشۇ بىر يىلدا 4 بالدىن يۇقىرى يەر تەۋرەش يۈز بەرمىدى، پامىر بىلەن ئۆلۈغچاتتىن ئىبارەت يەر كۆپ تەۋرەيدىغان رايونلاردا يەنىلا بىنورمال تىنچلىق ھالىتى ئۇدا ساقلىنىپ كەلدى.

ئەتراپتىكى دۆلەتلەر ۋە رايونلاردا يەر تەۋرەش ھەرىكىتىمۇ 1998 ـ يىلدىكىدىن خېلى ئازايدى، قازاقىستاننىڭ زەيسان كۆلى رايونىدا بىر قېتىم 5.1 بال يەر تەۋرىدى، ئاقچى ناھىيىسىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى قىرغىزىستان تەۋەسىدە 5.3 بال يەر تەۋرىدى، شىنجاڭ ئاپتونوم رايونىنىڭ قارا مىرەن تاغ ئېغىزىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا 5.2 بال يەر تەۋرىدى.

لىيۇ چىخۇاڭ

1999 ـ يىلى شىنجاڭدا ۋە قوشنا رايونلاردا M ⩾ 3.5 بال يەر تەۋرەش مۇندەرىجىسى

| رەت نومۇرى | يەر تەۋرىگەن ۋاقىت: يىل | ئاي | كۈن | سائەت | مىنۇت | سېكۇنت | تەۋرەش مەركىزى: شىمالىي پاراللېل | شەرقىي مېرىدىئان | تەۋرەش دەرىجىسى: ML | M | چوڭقۇرلۇقى H (كىلومېتىر) | زىيانلىقى | پايدىلىنىلىدىغان يەر نامى | ماتېرىيال مەنبەسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 1999 | 01 | 03 | 11 | 25 | 57 | 39°40′ | 77°26′ | 4.2 | 3.7 | 26 | 1 | پەيزاۋات | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 2 | 1999 | 01 | 11 | 21 | 13 | 29 | 35°33′ | 77°17′ | 4.1 | 3.6 | | 4 | قاراقۇرۇم | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 3 | 1999 | 01 | 12 | 06 | 30 | 32 | 35°34′ | 77°28′ | 4.2 | 3.7 | | 4 | قاراقۇرۇم | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 4 | 1999 | 01 | 13 | 14 | 38 | 01 | 39°31′ | 73°48′ | 4.1 | 3.6 | 30 | 2 | ئۆزبەل تېغى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 5 | 1999 | 01 | 13 | 16 | 14 | 13 | 42°13′ | 80°27′ | 4.1 | 3.6 | 31 | 1 | خانتەڭرى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |

| | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | ئۇزبەل تېغى | 2 | 29 | 3.7 | 4,2 | 73°35′ | 39°24′ | 31 | 54 | 14 | 18 | 01 | 1999 | 6 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | ئۇزبەل تېغى | 2 | 35 | 4 | 4.5 | 73°40′ | 39°26′ | 11 | 17 | 15 | 18 | 01 | 1999 | 7 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | چوگىر چوققىسى | 4 | | 3.8 | 4.3 | 76°06′ | 35°58′ | 27 | 18 | 09 | 21 | 01 | 1999 | 8 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | چوگىر چوققىسى | 4 | | 4 | 4.5 | 76°10′ | 35°47′ | 12 | 58 | 14 | 21 | 01 | 1999 | 9 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | كېرىيە | 2 | 18 | 4.2 | 4,7 | 80°57′ | 36°21′ | 58 | 59 | 08 | 22 | 01 | 1999 | 10 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | چوگىر چوققىسى | 4 | | 3.6 | 4.1 | 76°16′ | 36°07′ | 40 | 41 | 13 | 25 | 01 | 1999 | 11 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | پەيزاۋات | 1 | 20 | 4.2 | 4.7 | 77°17′ | 39°40′ | 43 | 46 | 01 | 26 | 01 | 1999 | 12 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | پەيزاۋات | 1 | 23 | 4 | 4.5 | 77°15′ | 39°33′ | 26 | 49 | 01 | 26 | 01 | 1999 | 13 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | پەيزاۋات | 1 | 41 | 3.9 | 4.4 | 77°12′ | 39°43′ | 22 | 50 | 01 | 26 | 01 | 1999 | 14 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | قۇمۇل | 2 | 19 | 4,1 | 4.6 | 91°53′ | 42°02′ | 00 | 50 | 03 | 26 | 01 | 1999 | 15 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | توقسۇن | 1 | 23 | 3.9 | 4.4 | 88°26′ | 41°39′ | 00 | 25 | 14 | 27 | 01 | 1999 | 16 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | پەيزاۋات | 1 | 18 | 3.7 | 4.2 | 77°18′ | 39°34′ | 38 | 33 | 18 | 28 | 01 | 1999 | 17 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | كەشمىر | 4 | | 3.8 | 4.3 | 75°49′ | 36°05′ | 47 | 08 | 08 | 29 | 01 | 1999 | 18 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | توقسۇن | 1 | 23 | 5.6 | | 88°26′ | 41°33′ | 03 | 51 | 11 | 30 | 01 | 1999 | 19 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | پامىر | 4 | | 3.7 | 4.2 | 73°07′ | 38°14′ | 11 | 06 | 20 | 05 | 02 | 1999 | 20 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | قاراقۇرۇم | 4 | | 4,1 | 4.6 | 77°48′ | 35°41′ | 29 | 50 | 18 | 22 | 02 | 1999 | 21 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | پەيزاۋات | 1 | 21 | 3.8 | 4.3 | 77°07′ | 39°40′ | 21 | 03 | 21 | 27 | 02 | 1999 | 22 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | ئاقچىنىڭ غەربى | 1 | 19 | 5.3 | 5 | 76°36′ | 41°20′ | 13 | 15 | 01 | 28 | 02 | 1999 | 23 |

| | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | ئاقچىنلاڭ غەربى | 2 | 21 | 4 | 4.5 | 76°37′ | 41°22′ | 37 | 28 | 01 | 28 | 02 | 1999 | 24 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | جىڭ نا- ھىيىسى | 1 | 24 | 3.6 | 4.1 | 83°38′ | 44°17′ | 18 | 38 | 15 | 07 | 03 | 1999 | 25 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | ئاقسۇ | 1 | 21 | 3.6 | 4.1 | 81°17′ | 41°06′ | 04 | 46 | 09 | 08 | 03 | 1999 | 26 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | ئاقسۇ | 1 | 25 | 3.8 | 4.3 | 81°18′ | 41°05′ | 43 | 49 | 09 | 08 | 03 | 1999 | 27 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | كۆكشىل | 3 | | 5.2 | | 88°52′ | 35°54′ | 25 | 09 | 18 | 09 | 03 | 1999 | 28 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | كۇچا | 1 | 35 | 5.7 | | 82°41′ | 41°48′ | 55 | 42 | 18 | 15 | 03 | 1999 | 29 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | پەيزاۋات | 1 | 30 | 5 | 5 | 76°54′ | 39°34′ | 24 | 23 | 00 | 18 | 03 | 1999 | 30 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | ئۈچتۇر- پان | 1 | 22 | 3.7 | 4.2 | 79°15′ | 41°27′ | 54 | 06 | 19 | 18 | 03 | 1999 | 31 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | پەيزاۋات | 1 | 29 | 5.2 | 4.9 | 77°18′ | 39°36′ | 22 | 33 | 16 | 25 | 03 | 1999 | 32 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | پەيزاۋات | 1 | 21 | 3.8 | 4.3 | 77°17′ | 39°33′ | 43 | 03 | 17 | 25 | 03 | 1999 | 33 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | پەيزاۋات | 1 | 21 | 3.7 | 4.2 | 77°21′ | 39°32′ | 43 | 10 | 17 | 25 | 03 | 1999 | 34 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | قوڭۇرتاغ | 1 | 33 | 3.8 | 4.3 | 75°20′ | 38°53′ | 47 | 37 | 05 | 01 | 04 | 1999 | 35 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | پامىر | 1 | 156 | 3.6 | 4.1 | 74°26′ | 38°18′ | 24 | 44 | 20 | 09 | 04 | 1999 | 36 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | پامىر | 2 | 118 | 3.7 | 4.2 | 73°22′ | 38°30′ | 40 | 44 | 03 | 12 | 04 | 1999 | 37 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | قوڭۇرتاغ | 1 | 122 | 4.1 | 4.6 | 75°56′ | 38°30′ | 58 | 20 | 15 | 17 | 04 | 1999 | 38 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | كەشمىر | 4 | | 3.6 | 4.1 | 77°56′ | 35°09′ | 55 | 01 | 02 | 23 | 04 | 1999 | 39 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | لوپنۇر كۆلى | 1 | 24 | 3.9 | 4.4 | 90°49′ | 41°46′ | 54 | 27 | 13 | 29 | 04 | 1999 | 40 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | توقسۇن | 1 | 27 | 3.6 | 4.1 | 87°59′ | 42°10′ | 53 | 48 | 21 | 01 | 05 | 1999 | 41 |

| | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 42 | 1999 | 05 | 15 | 12 | 29 | 03 | 39°37′ | 77°08′ | 4.4 | 3.9 | 34 | 1 | پەيزاۋات | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 43 | 1999 | 05 | 15 | 12 | 51 | 24 | 39°42′ | 77°07′ | 4.7 | 4.2 | 32 | 1 | پەيزاۋات | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 44 | 1999 | 05 | 15 | 14 | 02 | 03 | 39°37′ | 77°09′ | 4.3 | 3.8 | 25 | 1 | پەيزاۋات | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 45 | 1999 | 05 | 16 | 17 | 55 | 33 | 40°31′ | 77°31′ | 4.6 | 4.1 | 15 | 1 | ئاقچى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 46 | 1999 | 05 | 19 | 22 | 17 | 56 | 48°12′ | 84°26′ | 4.3 | 3.8 | 29 | 2 | بۇرچىن ناھىيىسىنىڭ غەربى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 47 | 1999 | 05 | 29 | 01 | 34 | 20 | 39°23′ | 77°46′ | 4.4 | 3.9 | 21 | 1 | مەكىت | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 48 | 1999 | 05 | 29 | 14 | 02 | 59 | 35°02′ | 77°49′ | 4.8 | 4.3 | | 4 | كەشمىر | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 49 | 1999 | 06 | 05 | 19 | 46 | 54 | 44°04′ | 83°05′ | 4.3 | 2.8 | 23 | 1 | جىڭ ناھىيىسى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 50 | 1999 | 06 | 09 | 01 | 16 | 50 | 49°00′ | 88°58′ | 4.1 | 3.6 | 27 | 1 | دوستلۇق چوققىسىنىڭ شەرقى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 51 | 1999 | 06 | 09 | 05 | 28 | 23 | 48°58′ | 89°02′ | 4.2 | 3.7 | 25 | 1 | دوستلۇق چوققىسىنىڭ شەرقى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 52 | 1999 | 06 | 09 | 08 | 30 | 59 | 34°46′ | 80°56′ | 4.4 | 3.9 | | 4 | بۇلۇڭ | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 53 | 1999 | 06 | 13 | 17 | 09 | 15 | 34°24′ | 80°36′ | 4.1 | 3.6 | | 4 | سۇڭشى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 54 | 1999 | 06 | 17 | 16 | 56 | 29 | 43°58′ | 88°27′ | 4.2 | 3.7 | 28 | 1 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 55 | 1999 | 06 | 17 | 23 | 02 | 16 | 41°52′ | 81°48′ | 5.2 | 4.9 | 22 | 1 | باي ناھىيىسى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 56 | 1999 | 06 | 17 | 23 | 08 | 35 | 41°53′ | 81°46′ | 5.1 | 5 | 18 | 1 | باي ناھىيىسى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 57 | 1999 | 06 | 17 | 23 | 11 | 54 | 41°57′ | 81°44′ | 4.4 | 3.9 | 11 | 1 | باي ناھىيىسى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 58 | 1999 | 06 | 30 | 19 | 21 | 59 | 34°26′ | 80°36′ | 4.3 | 3.8 | | 4 | سۇڭشى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |

| | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | ئاقچى | 1 | 14 | 3.8 | 4.3 | 77°44′ | 40°15′ | 00 | 23 | 11 | 03 | 07 | 1999 | 59 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | ئاقسۇ | 1 | 21 | 4.3 | 4.8 | 80°07′ | 40°44′ | 50 | 08 | 13 | 06 | 07 | 1999 | 60 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | چوگىر چوققىسى | 2 | 19 | 3.9 | 4.4 | 76°53′ | 36°39′ | 17 | 22 | 13 | 12 | 07 | 1999 | 61 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | قاغىلىق | 2 | 149 | 3.8 | 4.3 | 77°27′ | 37°07′ | 59 | 10 | 21 | 18 | 07 | 1999 | 62 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | چاقىلىق | 4 | | 3.6 | 4.1 | 89°54′ | 38°25′ | 55 | 15 | 09 | 25 | 07 | 1999 | 63 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | غۇلجا | 1 | 22 | 3.8 | 4.3 | 81°13′ | 44°17′ | 11 | 53 | 00 | 26 | 07 | 1999 | 64 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | چەرچەن | 1 | 9 | 4.2 | 4.7 | 86°57′ | 37°50′ | 30 | 55 | 03 | 04 | 08 | 1999 | 65 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | چەرچەن | 2 | 10 | 5.5 | | 86°57′ | 37°53′ | 57 | 08 | 08 | 04 | 08 | 1999 | 66 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | مارالبېشى | 1 | 16 | 3.9 | 4.4 | 79°20′ | 39°13′ | 16 | 34 | 04 | 12 | 08 | 1999 | 67 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | چاقىلىق | 2 | 21 | 4 | 4.5 | 87°16′ | 38°09′ | 58 | 01 | 22 | 16 | 08 | 1999 | 68 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | ئاقچى | 1 | 23 | 3.6 | 4.1 | 84°34′ | 44°27′ | 12 | 19 | 14 | 20 | 08 | 1999 | 69 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | ئاقچى | 1 | 22 | 3.6 | 4.1 | 77°44′ | 40°49′ | 56 | 13 | 10 | 25 | 08 | 1999 | 70 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | پەيزاۋات | 1 | 23 | 3.7 | 4.2 | 77°01′ | 39°37′ | 37 | 24 | 18 | 29 | 08 | 1999 | 71 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | پەيزاۋات | 1 | 18 | 4.2 | 4.7 | 77°04′ | 39°38′ | 12 | 32 | 18 | 29 | 08 | 1999 | 72 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | قاراقۇرۇم | 4 | | 3.8 | 4.3 | 77°24′ | 35°25′ | 31 | 15 | 01 | 05 | 09 | 1999 | 73 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | چاقىلىق | 1 | 18 | 4.1 | 4.6 | 90°03′ | 38°35′ | 25 | 24 | 20 | 22 | 09 | 1999 | 74 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | بۈگۈر | 1 | 41 | 5.1 | 5.2 | 84°28′ | 42°24′ | 14 | 45 | 20 | 23 | 09 | 1999 | 75 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | كېرىيە | 2 | 42 | 3.6 | 4.1 | 80°49′ | 36°16′ | 07 | 44 | 07 | 26 | 09 | 1999 | 76 |

| | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 77 | 1999 | 10 | 18 | 10 | 42 | 20 | 41°49′ | 89°10′ | 4.8 | 4.3 | 27 | 1 | توقسۇن | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 78 | 1999 | 10 | 21 | 15 | 19 | 25 | 39°16′ | 75°34′ | 4.4 | 3.9 | 30 | 1 | قەشقەر | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 79 | 1999 | 10 | 27 | 23 | 56 | 26 | 38°22′ | 74°12′ | 4.4 | 3.9 | 159 | 2 | پامىر | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 80 | 1999 | 10 | 31 | 18 | 03 | 25 | 39°15′ | 72°27′ | 4.1 | 3.6 | | 4 | ئۆزبەل تېغى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 81 | 1999 | 11 | 01 | 22 | 11 | 52 | 42°12′ | 80°29′ | 4.1 | 3.6 | 30 | 1 | خانتەڭرى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 82 | 1999 | 11 | 10 | 00 | 25 | 33 | 47°31′ | 82°15′ | 4.9 | 5.1 | 25 | 1 | چۆچەكنىڭ غەربىي شىمالى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 83 | 1999 | 11 | 24 | 05 | 59 | 14 | 45°20′ | 79°35′ | 4.1 | 3.6 | 25 | 1 | ئارىشاڭ ناھىيەسىنىڭ غەربىي شىمالى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 84 | 1999 | 11 | 29 | 06 | 58 | 41 | 36°55′ | 80°30′ | 4.1 | 3.6 | 31 | 2 | خوتەن | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 85 | 1999 | 11 | 30 | 18 | 08 | 0.6 | 36°26′ | 81°26′ | 5 | 4.6 | 10 | 2 | كېرىيە | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 86 | 1999 | 12 | 01 | 19 | 46 | 29 | 40°26′ | 77°21′ | 4.1 | 3.6 | 7 | 1 | ئاقچى | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 87 | 1999 | 12 | 17 | 18 | 14 | 57 | 40°31′ | 77°05′ | 4.6 | 4.1 | 16 | 1 | پەيزاۋات | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |
| 88 | 1999 | 12 | 22 | 14 | 45 | 14 | 38°21′ | 73°09′ | 4.5 | 4 | | 4 | پامىر | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |

لىۇ چىڭخۇا

## توقسۇن ناھىيەسىدە 5.6 بال يەر تەۋرىدى

1. يەر تەۋرەشنىڭ ئاساسىي پارامېتىرى

يەر تەۋرىگەن ۋاقىت (بېيجىڭ ۋاقتى): 1999 - يىل 1 - ئاينىڭ 30 - كۈنى سائەت 11 دىن 51 مىنۇت 4 سېكۇنت ئۆتكەندە.

تەۋرەش مەركىزىنىڭ ئورنى (مىكرولۇق كۆزىتىلگەن): شىمالىي پاراللېل 41°33′، شەرقىي مېرىدىئان 88°26′.

تەۋرەش دەرىجىسى: M=5.6 بال.

تەۋرەش مەنبەسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى: 23 كىلومېتىر.

تەۋرەش مەركىزىنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى: (Ⅵ دەرىجىلىك نۇقتىغا ئىگە).

تەۋرەش تىپى: ئاجرالما تىپلىق.

قالدۇق يەر تەۋرەش ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى: قالدۇق يەر تەۋرەشنىڭ ئاجىزلىشىشى تېز، داۋاملىشىش ۋاقتى قىسقا بولۇپ، 20 نەچچە قېتىم بوش تەۋرىگەن. ئۇ ئاساسلىق يەر تەۋرىگەن جاينىڭ شىمالىي قىسمىغا مەركەزلىشىپ، شەرقتىن غەربكە يۆنەلگەن ئاساسلىق تۈزۈلمە بىلەن ۋېرتىكاللىق ھالەتنى شەكىللەندۇرۇپ، جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ تارقالغان.

2. يەر تەۋرەش كۈچلۈكلۈك دەرىجىسىنىڭ تارقىلىشى ۋە يەر تەۋرەشتىن بولغان زىيان ئەھۋالى

يەر تەۋرەش قۇرۇق تاغنىڭ شەرقىي شىمالىي چېتىدىكى تاغلىق رايوندا يۈز بەردى، بۇ يەردە نوپۇس شالاڭ بولۇپ، تەكشۈرۈش جەريانىدا يەر يۈزىنىڭ بۇزۇلۇش ئەھۋالى بايقالمىدى، پەقەت شىنجېگزىدىكى ھەربىي قىسىم گازارما رايونى ئەتراپىدا ئازراق تاش غۇلاپ چۈشتى، قىسمەن ئۆيلەر ۋە كونا زاللاردىن توپا چۈشۈش، ئەينەكلەر پارە - پارە بولۇپ كېتىش ھەمدە كونا چاكلار تېخىمۇ چوڭىيىپ كېتىشتەك ئەھۋاللار كۆرۈلدى. بۇ VI° لۇق نۇقتا ھېسابلىنىدۇ. خوشۇت ناھىيىسىدىكى ئازراق ئامالە نۇقتىسىدا قىسمەن ئۆيلەرگە چاك كەتتى، قىسمەن قوتانلار ئۆرۈلۈپ چۈشتى ۋە ھايۋانلار ئۆلدى. بۇ V° لۇق نۇقتا ھېسابلىنىدۇ.

يەر تەۋرەش ئاپېتى يېنىكرەك بولۇپ، ئادەم ئۆلۈش - يارىلىنىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلمىدى، تەخمىنەن 500 مىڭ يۈەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان بولدى.

لىيۇ چىخۇڭ

## كۇچا ناھىيىسىدە 5.7 بال يەر تەۋرىدى

**1. يەر تەۋرەشنىڭ ئاساسىي پارامېتىرى**

يەر تەۋرىگەن ۋاقىت (بېيجىڭ ۋاقتى): 1999 - يىل 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى سائەت 18 دىن 42 مىنۇت 55 سېكۇنت ئۆتكەندە.

تەۋرەش مەركىزىنىڭ ئورنى (مىكرولۇق كۆزىتىلگەن): شىمالىي پاراللېل 41°48′، شەرقىي مېرىدىئان 82°41′.

(ماكرولۇق كۆزىتىلگەن) ئورنى: شىمالىي پاراللېل 41°48′، شەرقىي مېرىدىئان 82°44′.

تەۋرەش دەرىجىسى: M=5.7

تەۋرەش مەنبەسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى: 35 كىلومېتىر

تەۋرەش مەركىزىنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى: VII°

تەۋرەش تىپى: ئاساسلىق ھەم قالدۇق تەۋرەش تىپلىق.

قالدۇق يەر تەۋرەش ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى: قالدۇق يەر تەۋرەش شىمالىي شەرقتىن شەرق يۆنىلىشىدە تارقىلىپ سوقىچاق ھالەتنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇ، بۇ رايوندىكى ئاساسلىق تۈزۈلمە بولغان چۆلتاغ يورۇلمە - يېرىلما بەلۋېغىنىڭ يورۇشلۇك يۆنىلىشى ۋە كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى تەڭ تەۋرەش سىزىقلىرىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. يەر تەۋرىگەندە 500 قېتىمدىن كۆپرەك قالدۇق يەر تەۋرەپ، ئارقىمۇ ئارقا يېرىم يىلغا يېقىن ۋاقىت داۋاملاشتى، كېيىنكى مەگىلدىمۇ ئارقىمۇ ئارقا زىچ توپلاشما كىچىك يەر تەۋرەش پەيدا بولدى.

**2. يەر تەۋرەش كۈچلۈكلۈك دەرىجىسىنىڭ تارقىلىشى ۋە يەر تەۋرەشتىن بولغان زىيان ئەھۋالى**

يەر تەۋرەش جەنۇبىي تەڭرىتاغنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىدىكى چۆلتاغنىڭ شەرقىي بۆلىكىدە يۈز بەردى. كۈچلۈك يەر تەۋرىگەن رايون كۇچا، باي، توقسۇدىن ئىبارەت 3 ناھىيە تۇتاشقان جايغا جايلاشقان. VI° لۇق رايون شەرقىي شىمالدا كۇچا ناھىيىسىنىڭ كان كەنتىدىن غەربىي جەنۇبتا توقسۇ ناھىيىسىنىڭ ئاچالغىچە، غەربىي شىمالدا باي ناھىيىسىنىڭ قىزىل دەرياسى گىدرولوگىيە پونكىتىچە بولغان جايلارنى، شەرقىي جەنۇبتا كۇچا ناھىيىسىنىڭ ئورمانچىلىق مەيدانىدىكى سوقىچاق شەكىلدە كەلگەن، ئۇزۇن ئوق يۆنىلىشى شىمالدىن شەرققە 55° قىيسايغان، ئۇزۇن ئوقى 64 كىلومېتىر، قىسقا ئوقى 38 كىلومېتىر كېلىدىغان 1900 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. VI° لۇق رايوندا كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى VII° بولغان پارچە - پۇرات نورمالسىز نۇقتىلار بار، قىزىل سۇ ئامبىرى، مىڭئۆي قاتارلىق VII° لۇق نۇقتا ئەتراپلىرىدا ئايرىم تاغلار گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەن، تەۋرەش سېزىمى كۈچلۈك بولۇپ، يەردىن ئاۋاز چىققان.

ئۇۋرىشكە ئېلىپ تەكشۈرگەندە، VII° لۇق نورمالسىز نۇقتا رايونلىرىدا ياغاچ - كېسەك قۇرۇلمىلىق ئۆيلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىرى 5%كە، ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىرى 24.8%كە، ئوتتۇراھال بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىرى 34.8%كە، يېنىكرەك بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىرى 15.4%كە يەتتى. ئاز ساندىكى خىش - بېتون قۇرۇلمىلىق ئۆيلەر ئېغىر ۋە ئوتتۇراھال بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، سۇ ئامبىرى توسمىسى بىلەن مىڭئۆيمۇ مەلۇم دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. VI° لۇق رايوندىكى ياغاچ - كېسەك قۇرۇلمىلىق ئۆيلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىرى 0.9% كە، ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىرى 2.1%كە، ئوتتۇراھال بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىرى 12.1%كە، يېنىكرەك بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىرى 23.2%كە يەتتى. ياغاچ - خىش قۇرۇلمىلىق ئۆيلەرنىڭ ئوتتۇراھال بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىرى 12.1% كە، يېنىكرەك بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىرى 23.4% كە يەتتى.

V° لۇق رايون كۇچا ناھىيە بازىرى، ئۇچا يېزىسى، بېشىباغ يېزىسى، ئالاقاغا يېزىسى ۋە توقسۇ ناھىيە بازىرى، ئېچىبېرىق يېزىسى، يۇلتۇز باغ يېزىسى ھەمدە باي ناھىيىسىنىڭ شەرقىدىكى يېزا - كەنتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، يەر كۆلىمى 2145 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ رايون تەۋەسىدە تەۋرەش سېزىمى كۈچلۈك بولۇپ، ئاز ساندىكى ئۆيلەر يېنىكرەك زىيانغا ئۇچرىدى.

يەر تەۋرەشتە 17 مىڭ 154 ئائىلىلىك 68 مىڭ 614 كىشى ئاپەتكە ئۇچرىدى. بىر كىشى ئېغىر، 2 كىشى يېنىك يارىلاندى، يېزىلاردىكى ئوتتۇراھالدىن ئېغىرراق بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ياغاچ - خىش، ياغاچ - كېسەك قۇرۇلمىلىق

ئۆيلەرنىڭ كۆلىمى 180 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، 16 مىليون 370 مىڭ يۈەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان بولدى.

ليۇ چېڭخۇاڭ

## باي ناھىيىسىدە 4.9 بال ۋە 5 بال يەر تەۋرىدى

1. يەر تەۋرەشنىڭ ئاساسىي پارامېتىرى

يەر تەۋرىگەن ۋاقىت (بېيجىڭ ۋاقتى): 1999 - يىل 6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى سائەت 23 تىن 2 مىنۇت 16 سېكۇنت ئۆتكەندە.

تەۋرەش مەركىزىنىڭ ئورنى (مىكرولۇق كۆزىتىلگەن): شىمالىي پاراللېل 41°52′، شەرقىي مېرىدىئان 81°48′

(ماكرولۇق كۆزىتىلگەن) ئورنى: شىمالىي پاراللېل 41°50′، شەرقىي مېرىدىئان 81°36′

تەۋرەش دەرىجىسى: M=4.9 بال

تەۋرەش مەنبەسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى: 22 كىلومېتىر

يەر تەۋرىگەن ۋاقىت (بېيجىڭ ۋاقتى): 1999 - يىل 6 - ئاينىڭ 17. كۈنى سائەت 23 تىن 8 مىنۇت 35 سېكۇنت ئۆتكەندە

تەۋرەش مەركىزىنىڭ ئورنى (مىكرولۇق كۆزىتىلگەن): شىمالىي پاراللېل 41°53′، شەرقىي مېرىدىئان 81°46′

(ماكرولۇق كۆزىتىلگەن) ئورنى: شىمالىي پاراللېل 41°50′، شەرقىي مېرىدىئان 81°36′

تەۋرەش دەرىجىسى: M=5 بال

تەۋرەش مەنبەسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى: 18 كىلومېتىر

تەۋرەش مەركىزىنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى: V°

يەر تەۋرەش تىپى: قوش ئاساسلىق تەۋرەش تىپىغا تەۋە قالدۇق يەر تەۋرەش ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى: قالدۇق يەر تەۋرەش شىمالدىن غەربكە تارقالغان بولۇپ، كۈچلۈكلۈك دەرىجىسىدىكى تەڭ تەۋرەش سىزىقىنىڭ ئۇزۇن ئوق يۆنىلىشى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. قالدۇق يەر تەۋرەشنىڭ ئاجىزلىشىشى نىسبەتەن ئاستا بولۇپ، 1998 - يىل 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى 5.4 بال يەر تەۋرىگەندە قېپقالغان ئارقىمۇ ئارقا تەۋرەش بىلەن ئۇلىنىپ كەلگەن، ئوخشاش بىر خىلدىكى ئارقىمۇ ئارقا تەۋرەش تىپىغا كىرىدۇ.

2. يەر تەۋرەش كۈچلۈكلۈك دەرىجىسىنىڭ تارقىلىشى ۋە يەر تەۋرەشتىن بولغان زىيان ئەھۋالى

يەر تەۋرەش باي ناھىيىسى تەۋەسىدە يۈز بەرگەن بولۇپ، تەسىر كۆرسەتكەن دائىرىسى باي ناھىيىسى، كۇچا ناھىيىسى، ئاقسۇ شەھىرى ۋە كۈنەس ناھىيىسىگىچە كېڭەيگەن. تەۋرەش مەركىزىنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى V° قا يەتكەن، V° لۇق رايوندىكى ئۇزۇن ئوق يۆنىلىشى شىمالىي شەرقتىن شەرققە يۈزلەنگەن بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 71 كىلومېتىر، قىسقا ئوقى 51 كىلومېتىر، يەر كۆلىمى 2842 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. باي ناھىيە بازىرى كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى V I° بولغان نورمالسىز نۇقتا ھېسابلىنىدۇ.

VI° لۇق نورمالسىز نۇقتىدا تەۋرەش سېزىمى كۈچلۈك بولغان، يەر تەۋرىگەندە ئۆيلەرنىڭ ئىشىك، دېرىزىلىرىدىن ئاۋاز چىققان، كۆپ ساندىكى كىشىلەر سىرتقا قېچىپ چىققان، خىش - بېتون قۇرۇلمىلىق قىسمەن ئۆيلەر يېنىك دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. V° لۇق رايون دائىرىسىدىكى كۆپ سانلىق كىشىلەر يەر تەۋرىگەنلىكىنى سەزگەن، يېزىلاردىكى ياغاچ - كېسەك قۇرۇلمىلىق ئۆيلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئاساسىي جەھەتتىن ساق قالغان، ئاز ساندىكى ئۆيلەردىكى چاكلار 1998 - يىلى يەر تەۋرەشتىن

---

## قىسقىچە ماتېرىيال

يەر تەۋرەشنىڭ دەرىجىسى ۋە كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى

يەر تەۋرەشنىڭ دەرىجىسى بىلەن كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى ئوخشاشلا يەر تەۋرەشنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىنى ئۆلچەيدىغان دەرىجە مىقدارى ھېسابلىنىدۇ، لېكىن ئىككىسىنىڭ تەبىرى تامامەن ئوخشىمايدۇ. يەر تەۋرەشنىڭ دەرىجىسى يەر تەۋرىگەندە چىققان ئېنېرگىيە مىقدارىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە ئاساسەن ئايرىلىدۇ، ئۇنى ئۆلچەپ بېكىتىشتە سېيسموگراف ئارقىلىق خاتىرىلەنگەن يەر ھەرىكىتى يۆتكىلىشىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى تۆۋەندىكى فورمۇلا بويىچە ھېسابلاپ چىقىرىلىدۇ.

$$M=\log(A/T)+R(D)$$

فورمۇلادىكى M تەۋرەش دەرىجىسىنى بىلدۈرىدۇ؛ A بىلەن T ئايرىم - ئايرىم ھالدا سېيسموگراف خاتىرىلىگەن تەۋرەش دولقۇنى يۈزىدىكى دولقۇننىڭ ئەڭ زور گورىزونتال ئايرىم مىقدارى ئامپلىتۇدىسىنى ۋە مۇناسىپ دەۋرىي قىلىشىنى ئىپادىلەيدۇ. D بىلەن R (D) ئايرىم - ئايرىم ھالدا تەۋرەش مەركىزىنىڭ ئارىلىقى ۋە ئارىلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان فۇنكسىيىنى بىلدۈرىدۇ. يەر تەۋرەش دەرىجىسى ۋە تەۋرەش مەركىزىنىڭ ئارىلىقى بىر قەدەر كىچىك بولسا، ئۆلچەنگەن تەۋرەش دەرىجىسى يەرلىك خاراكتېرلىك تەۋرەش دەرىجىسى دەپ ئاتىلىپ، ML ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ھازىرغا قەدەر دۇنيا بويىچە خاتىرىلەنگەن ئەڭ ئېغىر يەر تەۋرەش 1960 - يىل 5 - ئاينىڭ 2 - كۈنى چىلى جۇمھۇرىيىتىدە يۈز بەرگەن بولۇپ، ئۇ M=8.9 بالغا يەتكەن.

يەر تەۋرەشنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى يەر يۈزى ۋە ئۆيلەر قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنىڭ يەر تەۋرەشتە بۇزغۇنچىلىققا

قېپقالغان چاغ ئاساسەن ئېچىمۇ كېڭىيىپ كەتكەن، لېكىن ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىمىغان ۋە ئۆرۈلۈپ چۈشمىگەن.

بۇ قېتىمقى يەر تەۋرەشتە ئۆلۈم - يېتىم كۆرۈلمىدى، 4 مىليون 670 مىڭ يۈەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان بولدى، ئۇ، يېنىك بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىدىكى يەر تەۋرەش ھېسابلىنىدۇ.

ليۇ چېنخۇاڭ

## قورۇلۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك يەر تەۋرەش تەتقىقاتى

شىنجاڭنىڭ تارىم ئويمانلىقى تارىم دەرياسى نېفىتلىك رايونىدىكى 3 - نومۇرلۇق ۋە 4 - نومۇرلۇق نېفىت - گاز قۇدۇقى يەر ئۈستى قورۇلۇشىنىڭ يەر تەۋرەشتىكى بىخەتەرلىكىگە باھا بېرىش دوكلاتى 1999 - يىل 2 - ئايدا ش ئۇ ئا ر يەر تەۋرەشنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسىنى باھالاش ھەيئىتىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى. بۇ تۈرنى غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن، شىنجاڭ تەبىئىي ئاپەتتىن مۇداپىئە كۆرۈش تەتقىقات ئورنى تاماملىغان. بۇ دوكلات يەر تەۋرەشنىڭ گېئولوگىيىلىك ئارقا كۆرۈنۈشى، يەر تەۋرەشنىڭ ھەرىكەتچانلىقى، يەر تەۋرەشنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى ۋە ئۇنىڭ يەر سىلكىنىشىنىڭ ئاجىزلىشىشى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، قورۇلۇش مەيدانلىرىنىڭ يەر تەۋرەش خەتىرى ئانالىزى، مەيدان ئورنىنىڭ شارائىتى ۋە تۇپراق دىناسكا پارامېتىرى، مەيدان ئورنىنىڭ يەر تەۋرەش رېئاكسىيە ئانالىزى، يەر تەۋرەشتىكى گېئولوگىيىلىك ئاپەتلەرگە باھا بېرىش، خۇلاسە ۋە تەكلىپ قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شىنجاڭنىڭ تارىم دەرياسى 3 - نومۇرلۇق نېفىتلىكىدىكى نېفىت زاپىسىنى توشۇش قورۇلۇشىنىڭ يەر تەۋرەشتىكى بىخەتەرلىكىگە باھا بېرىش دوكلاتى 1999 - يىل 2 - ئايدا ش ئۇ ئا ر يەر تەۋرەشنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسىنى باھالاش ھەيئىتىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. بۇ خىزمەتنى «شىن جىيبېي» شىركىتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن، شىنجاڭ تەبىئىي ئاپەتتىن مۇداپىئە كۆرۈش تەتقىقات ئورنى ئىشلىدى. دوكلاتتا رايون دائىرىسىدىكى ۋە مەيدانغا يېقىن رايونلاردىكى يەرتەۋرەش قۇرۇلمىسى، يەر تەۋرەشنىڭ ھەرىكەتچانلىقى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلىپ، يەر تەۋرەش مەنبەسى يوشۇرۇنغان رايونلار ئايرىپ چىقىلغان، قورۇلۇش مەيدانلىرىنىڭ يەر تەۋرەش خەتىرى ئانالىز قىلىنىپ، تۇپراقنىڭ يەر تەۋرەشكە بولغان رېئاكسىيىسى ھېسابلاپ چىقىلغان ھەمدە مەيدان ئورنىنىڭ يەر سىلكىنىش پارامېتىرى ئىشلەپ چىقىلغان.

شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى قاراماي نېفىت - خىمىيە زاۋۇتىنىڭ 300 مىڭ توننىلىق كاتالىزلاپ قايتا تەڭشەش قورۇلمىسى ۋە تارماق ئېرمو ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ كېڭەيتىپ قۇرۇش قورۇلۇشى ئورنىنىڭ يەر تەۋرەشتىكى بىخەتەرلىكىگە باھا بېرىش دوكلاتى 1999 - يىل 8 - ئايدا ش ئۇ ئا ر يەر تەۋرەشنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسىنى باھالاش ھەيئىتىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى. بۇ تۈرنى قاراماي نېفىت خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن، شىنجاڭ تەبىئىي ئاپەتتىن مۇداپىئە كۆرۈش تەتقىقات ئورنى تاماملىدى. بۇ تۈردە 300 مىڭ توننىلىق كاتالىزلاپ قايتا تەڭشەش قورۇلمىسى ۋە ئېرمو ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسىنى كېڭەيتىپ

---

ئۇچراش دەرىجىسىنى كۆرسىتىدۇ. بىر قېتىملىق يەر تەۋرەشتە پەقەت بىرلا تەۋرەش دەرىجىسى بولىدۇ، لېكىن كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ، ئوخشاش بولمىغان يەرلەردە كۈچلۈكلۈك دەرىجىسىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ئادەتتىكى ئەھۋالدا ئارىلىقى تەۋرەش مەنبەسىگە يېقىن بولسا، يەر يۈزىنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى زور، يەر تەۋرەشنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى يۇقىرى بولىدۇ، ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى يېنىك، يەر تەۋرەشنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى تۆۋەن بولىدۇ. كۈچلۈكلۈك دەرىجىسىنىڭ چوڭ - كىچىك (يۇقىرى - تۆۋەن) بولۇشى يەر يۈزىنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراش دەرىجىسىگە ئاساسەن، بىر توتاش ئايرىش ئۆلچىمىگە ئاساسلىنىپ ئۇنىۋېرسال باھا بېرىش ئارقىلىق بېكىتىلىدۇ. يەر تەۋرەشنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسىنى ئايرىشنىڭ ئۆلچىمى يەر تەۋرەشنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجە جەدۋىلى دەپ ئاتىلىدۇ، خەلقئارادا كۆپ خىل كۈچلۈكلۈك دەرىجە جەدۋىلى ئىشلەپ چىقىلغان بولۇپ، ئادەتتە 10 ۋە 12 گرادۇسلۇق كۈچلۈكلۈك دەرىجە جەدۋىلى دەپ ئايرىلغان، 7 دەرىجىلىك كۈچلۈكلۈك دەرىجە جەدۋىلىمۇ قوللىنىلىپ كەلمەكتە. نۆۋەتتە جۇڭگودا قوللىنىلىۋاتقىنى «جۇڭگونىڭ يەر تەۋرەش كۈچلۈكلۈك دەرىجە جەدۋىلى» بولۇپ، 12 گرادۇسقا ئايرىلغان، خەلقئارا GB/T17742—1999 بەلگىلىمىگە ئاساسەن، بىر توتاش رىم رەقىمى ئارقىلىق ( I — XII گرادۇس) دەپ ئىپادىلىنىدۇ.

يەر تەۋرەش دەرىجىسى بىلەن كۈچلۈكلۈك دەرىجىسىنى جەمئىيەتتە قوللىنىشتا يەر تەۋرەشنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى ئېتىراپ قىلغان يەر تەۋرەش دەرىجىسى ۋە كۈچلۈكلۈك دەرىجىسىنى ئۆلچەم قىلىش لازىم.

ليۇ چېنخۇاڭ

قۇرۇش قۇرۇلۇشىغا دائىر 2 پارچە باھا بېرىش دوكلاتى تاپشۇرۇلغان بولۇپ، يەر تەۋرەشنىڭ ھەرىكەتچانلىقى، يەر تەۋرەشنىڭ گېئولوگىيىلىك ئارقا كۆرۈنۈشى، قۇرۇلۇش ئورنىنىڭ يەر تەۋرەش شارائىتى تەتقىق قىلىنىپ، 2 ئورۇندا 50 يىل ئىچىدە ترانسبېندېنتلىق ئېھتىماللىقى %63، %10، %2 بولغان كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى ۋە ئاساسىي جىنسى ماكسىمۇم قىممىتىنىڭ تېزلىنىش دەرىجىسى ئېنىقلىنىپ، سۇنئىي يەر تەۋرىتىش سىنتېتىكى ۋە ئورۇننىڭ يەر تەۋرەش رېئاكسىيىسى ئانالىز قىلىنىپ، لايىھەلەشتە قوللىنىلىدىغان ئۆلچەم دەستۇرى كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

شىنجاڭنىڭ شىخەنزە رايونىدىكى يەنسىخەي 1 - سۇ ئامبىرىنىڭ خەتىرىنى تۈگىتىپ مۇستەھكەملەش (سىغىمچانلىقىنى كېڭەيتىش) قۇرۇلۇشىنىڭ يەر تەۋرەشتىكى بىخەتەرلىكىگە باھا بېرىش دوكلاتى 1999 - يىل 7 - ئايدا ش ئۇ ئا ر يەر تەۋرەشنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسىنى باھالاش ھەيئىتىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى. بۇ تۈرنى شىخەنزە سۇچىلىق ئىدارىسىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن، شىنجاڭ تەبىئىي ئاپەتتىن مۇداپىئە كۆرۈش تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئالغان. بۇ تۈردە يەر تەۋرەشنىڭ ھەرىكەتچانلىقى، يەر تەۋرەشنىڭ گېئولوگىيىلىك ئارقا كۆرۈنۈشى تەتقىق قىلىنغان، يەر تەۋرەش مەنبەسى يوشۇرۇنغان رايون بېكىتىلگەن، يەر تەۋرەشنىڭ خەتىرى ئانالىز قىلىنىپ، 50 يىل ئىچىدە ترانسبېندېنتلىق ئېھتىماللىقى %63، %10، %2 بولغان يەر تەۋرەش كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى ۋە ئۇل جىنس ماكسىمۇم قىممىتىنىڭ تېزلىنىش دەرىجىسى كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

شىنجاڭنىڭ دالوبا قومۇلۇقىدىكى 45 - نومۇرلۇق قۇدۇقتىن بوگۇزگە گاز يەتكۈزۈش تورۇبا قۇرۇلۇشىنىڭ يەر تەۋرەشتىكى بىخەتەرلىكىگە باھا بېرىش دوكلاتى 1999 - يىل 12 - ئايدا ش ئۇ ئا ر يەر تەۋرەشنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسىنى باھالاش ھەيئىتىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى. بۇ تۈرنى غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن، شىنجاڭ تەبىئىي ئاپەتتىن مۇداپىئە كۆرۈش تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئالغان. باھا بېرىش دوكلاتى يەر تەۋرەشنىڭ گېئولوگىيىلىك ئارقا كۆرۈنۈشى، ھەرىكەتچانلىقى، يەر تەۋرەش خەۋپى ئېھتىماللىقى ئانالىزى، مەيدان ئورنى قۇرۇلۇشىنىڭ يەر تەۋرەش شارائىتىغا باھا بېرىش پارامېتىرى، مەيدان ئورنىنى لايىھەلەشتە يەرنىڭ سىلكىنىش پارامېتىرىنى بېكىتىش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شىنجاڭنىڭ ئىلى تېكەس دەرياسى چاپچىخەي رايونىدىكى ئۈنۈمۋەرسال سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇش ئورنى رايونىنىڭ يەر تەۋرەشتىكى بىخەتەرلىكىگە باھا بېرىش دوكلاتى ش ئۇ ئا ر يەر تەۋرەشنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسىنى باھالاش ھەيئىتىنىڭ تەسلەپكى تەكشۈرۈشى ئارقىلىق، 1999 - يىل 12 - ئايدا دۆلەت يەر تەۋرەش بىخەتەرلىكىنى باھالاش ھەيئىتىنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى، ئۇنى جۇڭگو يەر تەۋرەش ئىدارىسى ھۆججەت چۈشۈرۈپ، «ئا» دەرىجىلىك ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇپ بەردى. بۇ تۈرنى شىنجاڭ سۇچىلىق ۋە سۇ ئېلېكتر تەكشۈرۈش - لايىھەلەش يۇرتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن، شىنجاڭ تەبىئىي ئاپەتتىن مۇداپىئە كۆرۈش تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئالغان. بۇ دوكلات يەر تەۋرەش بىخەتەرلىكىگە باھا بېرىش ۋە سۇ ئامبىرىدا يەر تەۋرەشنى مۆلچەرلەشتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپكە بۆلۈنگەن. يەر تەۋرەش بىخەتەرلىكى قىسمەن جەھەتتە رايون دائىرىسىدە يەر تەۋرەشنىڭ گېئولوگىيىلىك ئارقا كۆرۈنۈشى، يەر تەۋرەشنىڭ ھەرىكەتچانلىقى، قۇرۇلۇش ئورنىغا يېقىن رايونلارنىڭ يەر تەۋرەش قۇرۇلمىسى، مەيدان رايونلىرىدىكى ھەرىكەتچان ئۈزۈلمە قاتلام، يەر تەۋرەشنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى ۋە ئۇنىڭ يەر سىلكىنىشنىڭ ئاجىزلىشىشى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، يەر تەۋرەش خەتىرى ئانالىزى، يەر تەۋرەشتىكى گېئولوگىيىلىك ئاپەتلەرگە باھا بېرىش، قۇرۇلمىلارنىڭ تۇراقلىقلىقىغا باھا بېرىش، ئۇل جىنسلارنىڭ سۇنئىي تەۋرىتىلگەن دولقۇن بىرىكمىسى قاتارلىق تەتقىقاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، مەيدان رايونلىرىدا 50 يىل ئىچىدە ترانسبېندېنتلىق ئېھتىماللىقى %63، %10، %2 بولغان يەر تەۋرەش كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى ۋە ئۇل جىنسى ماكسىمۇم قىممىتىنىڭ تېزلىنىش دەرىجىسى كۆرسىتىپ بېرىلگەن، ئۇل جىنسنىڭ تېزلىنىش ئىنكاس سپېكترى ۋە سۇنئىي يەر تەۋرىتىش دولقۇنى بىلەن تەمىن ئېتىلگەن. سۇ ئامبىرىدا يەر تەۋرەشنى ئالدىن مۆلچەرلەشتە كۆپ خىل ئۇسۇل قوللىنىپ، سۇ ئامبىرىدا تۈيۈقسىز يەر تەۋرەش ئېھتىماللىقى، تەۋرەش دەرىجىسى، تەۋرەش ئېھتىمالى بولغان يەر بۆلىكى ۋە سۇ ئامبىرىدىكى يەر تەۋرەش تەسىرىگە باھا بېرىلگەن، توسما رايونىدىكى سۇ ئامبىرىدا يەر تەۋرەش تەسىرىنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى VI° تىن تۆۋەن بولىدۇ، دەپ قارالغان.

«قىزىل سۇ ئامبىرىدا يەر تەۋرەشنىڭ خەتىرى ئۈستىدە ئانالىز ۋە تەدبىر» دوكلاتى 1999 - يىل 12 - ئايدا ش ئۇ ئا ر يەر تەۋرەشنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسىنى باھالاش ھەيئىتىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى. بۇنى قىزىل سۇ ئامبىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن، شىنجاڭ تەبىئىي ئاپەتتىن مۇداپىئە كۆرۈش تەتقىقات ئورنى تاماملىغان. دوكلاتتا سۇ ئامبىرى رايونىدىكى يەر تەۋرەشنىڭ گېئولوگىيىلىك ئارقا كۆرۈنۈشى، يەر تەۋرەش ھەرىكىتى، يەر تەۋرەش خەۋپى ئانالىز قىلىنىپ، 50 يىل ئىچىدە ترانسبېندېنتلىق ئېھتىماللىقى %63، %10، %2 بولغان يەر تەۋرەش كۈچلۈكلۈك



جۇڭگو - ئامېرىكا «تەڭرىتاغنىڭ يەر شارى دىنامىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات» ھەمكارلىق تۈرىنىڭ ئامېرىكا تەرەپ مۇتەخەسسىسى پروفېسسور ستېۋېن ئاقچى ناھىيىسىنىڭ قاراجى يېزىسىدا سېيسموگراف ئورۇنلاشتۇرماقتا.

شۇ يى فوتوسى

بېرىلگەن. «شىخو ناھىيىسىنىڭ ئېلېكتر ئىدارىسى ترانسفورماتور ئىستانسىسىنىڭ يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى باھالاپ بېكىتىش» تۈرى 1999 - يىل 9 - ئايدا تاماملاندى. شىنجاڭ تەبىئىي ئاپەتتىن مۇداپىئە كۆرۈش تەتقىقات ئورنى ئەمەلىي تەكشۈرۈش ۋە سىناپ كۆرۈش ئاساسىدا يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇشقا دائىر باھالاش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇ يىلى شىنجاڭ تەبىئىي ئاپەتتىن مۇداپىئە كۆرۈش تەتقىقات ئورنى يەنە «جۇڭگو بانكىسى قاراماي تارماق بانكىسىنىڭ خەزىنىسىدىكى چاك كەتكەن يەرلەرنى باھالاپ بېكىتىش» تۈرىنى، «جىلىنتەي سۇ ئامبىرىدا سۇنئىي يەر تەۋرىتىش سىنتېتىكى» تۈرىنى، «ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى جياڭيۇ، كۆكتات مەيدانىدىكى ھەرىكەتچان ئۇزۇلمە قاتلامنى باھالاپ بېكىتىش» تۈرىنى، ھەمدە كۆپ خىل چېگداپ تەۋرىتىپ سىناق قىلىش، پارتلىتىش تەسىرىنى سىناق قىلىش تۈرىنى ۋە ئالاقىدار مەسلىھەتچىلىك تۈرىنى تاماملىدى.

ياڭ جاڭ، ليۇ چىخۇڭ

## شىنجاڭنىڭ يەر تەۋرەشنى كۆزىتىپ ئۆلچەش ۋە ئالدىن مەلۇمات بېرىش ئەھۋالى

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر يەر تەۋرەش ئىدارىسى 9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە شىنجاڭدىكى يەر تەۋرەش ئىستانسا - تورلىرىنىڭ ئۇقتىلىق تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرلىرىنى تەشكىللىك يولغا قويۇشنى چىڭ تۇتۇپ، كۆكتوقاي قاتارلىق 5 يەر تەۋرەش ئىستانسىسىدا رەقەملىك سېيسموگرافنى قوراشتۇرۇپ تەڭشەش، جۇڭگونىڭ يەر پوستى ھەرىكىتىنى كۆزىتىش تورىغا كىرگۈزۈلگەن ئۈچتۇرپان GPS ئۆلچەملىك پونكىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنى بىرلەشتۈرۈپ ئۆلچەش، قەشقەر قاتارلىق دۆلەت دەرىجىلىك 3 رەقەملىك ئىستانسىسىنىڭ كۆزىتىش شارائىتىنى ئۆزگەرتىش، ئۈرۈمچى رايونى دائىرىسىدىكى يەر تەۋرەشنى يىراقتىن ئۆلچەش ئىستانسا - تورىنىڭ رەقەملەشتۈرۈپ ئۆزگەرتىلگەن تارماق ئىستانسىسىدا قانائەتلىك دالالەتنى ئۆلچەش، تەۋرەش ئالامەتلىرىنى كۆزىتىش، ئىستانسا - تورلىرىنى رەقەملەشتۈرۈپ ئۆزگەرتىشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ھەمدە ئۇنى يولغا قويۇش لايىھىسىنى لايىھىلەش، تەڭرىتاغدىكى كۆپ يەر تەۋرەيدىغان رايونلاردا كۈچلۈك يەر تەۋرەشنى كۆزىتىدىغان

دەرىجىسى ۋە ئۇل جىنس ماكسىموم قىممىتىنىڭ ئىزلىنىش دەرىجىسى كۆرسىتىپ بېرىلگەن. سۇ ئامبىرىنىڭ توپا توسمىسى ئۈستىدە يەر تەۋرەشنىڭ دىنامىكا ئىنكاسىنى ئانالىز قىلىش، يەر يۈزى دولقۇنىنى تەكشۈرۈش، توپا توغان ۋە ئىنشائاتلارنىڭ سىلكىنىش خەۋپىنى ئالدىن مۆلچەرلەش ئىشى ئېلىپ بېرىلىپ، سۇ ئامبىرى ۋە رايون دائىرىسىدىكى يەر تەۋرەشنىڭ خەۋپسىزلىك ئايرىمىسى، سۇ ئامبىرىدىكى يەر تەۋرەشنىڭ خەۋپ - خەتەر كاپالىتى مۆلچەرى، سۇ ئامبىرى رايونىدىكى ئىنشائاتلاردا كۆرۈلىدىغان سىلكىنىش زىيىنىغا تاقابىل تۇرۇش تەدبىرى ھەمدە گېئولوگىيىلىك ئاپەتلەرگە بېرىلگەن باھا كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

«سانجى ئوبلاستىنىڭ سەنتۇنخې دەرياسى 1 -، 4 - نومۇرلۇق سۇ ئامبىرىدا يەر تەۋرەشنىڭ خەتىرى ئۈستىدە ئانالىز»، بۇ تۈرنى 1999 - يىل 8 - ئايدا شىنجاڭ تەبىئىي ئاپەتتىن مۇداپىئە كۆرۈش تەتقىقات ئورنى تاماملىغان. دوكلاتتا يەر تەۋرەشنىڭ گېئولوگىيىلىك ئارقا كۆرۈنۈشى، يەر تەۋرەش ھەرىكىتى، قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىغا يېقىن رايونلارنىڭ يەر تەۋرەش قۇرۇلمىسىنى تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، سۇ ئامبىرى رايونىدا يەر تەۋرەشنىڭ خەتىرى ئانالىز قىلىنىپ، 50 يىل ئىچىدە ترانسپېدېنتلىق ئېھتىماللىقى %63، %10، %2 بولغان يەر تەۋرەشنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى بىلەن جىنس ماكسىموم قىممىتىنىڭ ئىزلىنىش دەرىجىسى كۆرسىتىپ

مۇقىم 20 ئىستانسىنىڭ ئورنىنى تاللاش ۋە ئۇنى يولغا قويۇش لايىھىسىنى ئىشلەش، يەر تەۋرەش ئالامەتلىرىنى كۆزىتىش ئىستانسا - تورى ۋە قىسمەن تور مەركەزلىرىنىڭ ماشىنا ئۈسكۈنىلىرىنى ئۆزگەرتىش، بىرلەشمە تور ۋە سۈنئىي ھەمراھ كىچىك پونكىتىنى بېيجىڭ بىلەن سىناق تەرىقىسىدە ئۇلاشتۇرۇش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئورۇندىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، 1 - سەپتىكى كۆزىتىپ ئۆلچەش خادىملىرىنى تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش ۋە ئىستانسا - تورلىرىنىڭ كۈندىلىك ئىشلىشىنى باشقۇرۇش - ئاسراشقا ئەھمىيەت بېرىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك كۆزىتىش ماتېرىياللىرىنى تەييارلاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. 1999 - يىلى شىنجاڭنىڭ يەر تەۋرەش ئىستانسا - تورلىرىنىڭ كۆزىتىش ماتېرىياللىرى مەملىكەت بويىچە شۇ خىلدىكى كەسىپلەرنى باھالاپ سېلىشتۇرۇشتا 4 تۈر 1 - لىككە، 5 تۈر 2 - لىككە، 2 تۈر 3 - لىككە ۋە بىر تۈر ئالاھىدە مۇنەۋۋەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

يەر تەۋرەشنى ئانالىز قىلىپ ئالدىن مەلۇمات بېرىش خىزمىتىدە، كۈندىلىك خىزمەتلەرنى ئورۇنداش ئاساسىدا، ئۆرلۈك ئالامەتلەرنىڭ نورمالسىز ئۆزگىرىشى ۋاقتىدا ئىز قوغلاپ كۆزىتىلدى. ئوتتۇراھال كۈچلۈك يەر تەۋرەش ۋە توپلاشما يەر تەۋرەش ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىيات يۈنىلىشى ئىز قوغلاپ كۆزىتىلدى، 1999 - يىلى يۈز بەرگەن 7 قېتىملىق 5 بالدىن يۇقىرى ئوتتۇراھال كۈچلۈك يەر تەۋرەشتىن كېيىنكى يۈنىلىنىش ئەھۋالى خېلى توغرا تەھلىل قىلىنىپ ھۆكۈم چىقىرىلدى. يەر تەۋرەش ئىدارىسى 1999 - يىلى مەملىكەت بويىچە يەر تەۋرەشنى كۈندىلىك ئانالىز قىلىپ ئالدىن مەلۇمات بېرىشنى باھالاپ سېلىشتۇرۇشتا 2 - لىككە ئېرىشتى.

ليۇ چىخۇاڭ

## ئاپتونوم رايونلۇق يەر تەۋرەشتىن مۇداپىئە كۆرۈش - ئاپەتنى ئازايتىش خىزمىتى يىغىنى

بۇ يىغىن 1999 - يىل 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. شۇ ئۇ ئا ر يەر تەۋرەشتىن مۇداپىئە كۆرۈش - ئاپەتنى ئازايتىش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىغا ئەزا بولغان ئورۇنلار، ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى يەر تەۋرەشتىن مۇداپىئە كۆرۈش - ئاپەتنى ئازايتىش خىزمىتىگە مەسئۇل رەھبەرلەر ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ۋەكىللىرىدىن بولۇپ 150 تىن ئارتۇق كىشى يىغىنغا قاتناشتى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قېيۇم باھاۋۇدۇن، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مىجىت ناسىر، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ خۇەيىۋ، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى پاشا ئىشان ۋە جۇڭگو يەر تەۋرەش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يۈ شىڭشىڭ قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى. قېيۇم باھاۋۇدۇن، ۋاڭ خۇەيىۋ، يۈ شىڭشېڭلار يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى. شىنجاڭ يەر تەۋرەش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جو لىگېن ش ئۇ ئا ر يەر تەۋرەشتىن مۇداپىئە كۆرۈش - ئاپەتنى ئازايتىش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىغا ۋاكالىتەن خىزمەت دوكلاتى بەردى، بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە ئاپتونوم رايوننىڭ يەر تەۋرەشتىن مۇداپىئە كۆرۈش - ئاپەتنى ئازايتىش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى. يىغىندا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يەر تەۋرەشتىن مۇداپىئە كۆرۈش - ئاپەتنى ئازايتىش خىزمىتىدە نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغان 22 ئىلغار كوللېكتىپ ۋە 39 ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى.

تەقدىرلەنگەن ئىلغار كوللېكتىپلار: ش ئۇ ئا ر يەر تەۋرەش ئىدارىسى ئانالىز - ئالدىن مەلۇمات بېرىش ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر يەر تەۋرەش ئىدارىسى گىدروخىمىيە ئىشخانىسى، شىنجاڭ تەبىئىي ئاپەتتىن مۇداپىئە كۆرۈش تەتقىقات ئورنى، ش ئۇ ئا ر يەر تەۋرەش ئىدارىسى كۆزىتىپ ئۆلچەش ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر يەر تەۋرەش ئىدارىسى ئاقسۇ مەركىزىي يەر تەۋرەش ئىستانسىسى، ش ئۇ ئا ر يەر تەۋرەش ئىدارىسى قەشقەر يەر تەۋرەش ئىستانسىسى، ش ئۇ ئا ر يەر تەۋرەش ئىدارىسى ئۈرۈمچى يەر تەۋرەش ئىستانسىسى، قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە يەر تەۋرەش ئىدارىسى، تۇرپان مەمۇرىي مەھكىمە يەر تەۋرەش ئىدارىسى، شىخەنزە شەھەرلىك يەر تەۋرەش ئىدارىسى، سانجى ئوبلاستلىق يەر تەۋرەش ئىدارىسى مورى يەر تەۋرەش ئىستانسىسى، ش ئۇ ئا ر يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش ئىشخانىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش ئىشخانىسى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش ئىشخانىسى، ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش ئىشخانىسى، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش ئىشخانىسى، ئاقچى ناھىيىلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى، پەيزاۋات ناھىيىلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى، خەلق ئىشلىرى نازارىتى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش باشقارمىسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك سەھىيە ئىدارىسى ۋە شىنجاڭ قوراللىق ساقچى قىسىم باش ئەترىتى 4 - تارماق ئەترەتتىن ئىبارەت؛ ئىلغار شەخسلەر: گاۋ گويىڭ، ۋاڭ شياۋروڭ، ياڭ يۇلىڭ، يۈ جيەنجېڭ، شۇ چيۇلوڭ، جاڭ يۇڭ، ۋېي شياۋلى، سۇڭ لىجۈن، جاۋ چۈنچىڭ، يۇ كېبى، دۇ ۋېيپىڭ، پېڭ گو، بىبى خۇڭدا، باقى مەھەممەت، خۇاڭ دىپىڭ، سۇڭ گۇاڭپۇ، جاڭ يىڭگۇاڭ، ما

چا، دۇ شىنمىن، جاڭ بىن، خۇ گۇاڭجۇ، جاڭ ياۋۋۇ، سەي بىن، ئابدۇرەھىم، ۋاڭ چېڭشياڭ، ۋاڭ شىلى، ئابدۇراخمان، پولات كىرىمبېيوپ، جياۋ ھۇ، چېن شىنجۇن، جاۋ گاڭ، چېڭ شىنلياڭ، جاڭ چۈن، مامۇت سەلەي، ھەمدۇللا مامۇت، لى ۋېيپىڭ، ئابلىكىم خەيرۇللا، چۇ سۇڭلىندىن ئىبارەت.

لىيۇ چىخۇڭ

## خەلقئارا ھەمكارلىق تۈرىدىن 2 سى تاماملاندى

1999 - يىل 9 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى رىياسەتچىلىك قىلغان، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى چېن يۈ باشچىلىقىدىكى مەملىكەت ئىچىدىكى مەشھۇر مۇتەخەسسىسلەردىن تەركىب تاپقان تۈر باھالاش گۇرۇپپىسى جۇڭگو شىنجاڭ يەر تەۋرەش ئىدارىسى، قازاقىستان ۋە قىرغىزىستان يەر تەۋرەش تەتقىقات ئورنى ھەمكارلىشىپ قانات يايدۇرغان «تەڭرىتاغ رايونىنى يەر تەۋرەش رايونلىرىغا ئايرىش»، «ئۈرۈمچى — كورلا رايونلىرىدىكى ئالماشما دولقۇنلۇق يەر تەۋرىشىنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش» تىن ئىبارەت 2 تۈرلۈك مۇھىم يەر تەۋرەش پەن - تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرىنى باھالاپ ئۆتكۈزۈۋالدى. مۇتەخەسسىسلەر شۇنداق دەپ ھېسابلىدىكى، «تەڭرىتاغنى يەر تەۋرەش رايونلىرىغا ئايرىش» تۈرىنىڭ تاماملىنىشى تەڭرىتاغ يېڭى تۈزۈلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشى، يەر تەۋرەش تۈزۈلمە ھەرىكىتى ۋە گېئوفىزىكىلىق جەريانىغا بولغان تونۇشنى بېيىتتى، ئۇ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، بايلىقلاردىن پايدىلىنىش، يېزا - بازارلارنى پىلانلاش، يەر تەۋرەشتىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش، يەر تەۋرەشتىن مۇداپىئە كۆرۈش - ئاپەتنى ئازايتىش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم ئىلمىي ئەھمىيەتكە ۋە ئەمەلىي قوللىنىش قىممىتىگە ئىگە، تەتقىقات نەتىجىسى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتكەن. ئالماشما دولقۇنلۇق يەر تەۋرىشىنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش خىزمىتى تاغ ھاسىل بولغان بەلۋاغلاردىكى تۈزۈلمىلەرنىڭ ئۆزگىرىشىگە بولغان تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرغان، شىنجاڭنىڭ سىرت بىلەن بولغان پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرگەن بولۇپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا مەلۇم تەسىر پەيدا قىلغان، تەتقىقات نەتىجىسى مەملىكەت بويىچە ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن.

لىيۇ چىخۇڭ

## تەڭرىتاغدا يەر تەۋرەشكە دائىر 99 ' خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى

تەڭرىتاغدا يەر تەۋرەشكە دائىر 4 - نۆۋەتلىك خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى 1999 - يىل 9 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. بۇ يىغىننى جۇڭگو يەر تەۋرەش ئىدارىسىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن، شىنجاڭ يەر تەۋرەش ئىدارىسى ئۇيۇشتۇردى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ خۇەيېۋ، جۇڭگو يەر تەۋرەش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى خې يۇڭنيەن، قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ئالمۇتا شەھىرىنىڭ پەۋقۇلئاددە ئەھۋالدا شەھەرنى باشقۇرۇش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ياسكايوپ قاتارلىق رەھبەرلەر ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەمدە سۆز قىلدى. يىغىنغا جۇڭگو، قازاقىستان، قىرغىزىستان ۋە تاجىكىستاندىن 106 ۋەكىل قاتناشتى، بۇلار ئىچىدە 81 ۋەكىل چوڭ يىغىندا ياكى گۇرۇپپا يىغىنلىرىدا ئىلمىي ماقالە ئوقۇدى. جۇڭگو يەر تەۋرەش ئىدارىسى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى 3 دۆلەتنىڭ يەر تەۋرەش سىستېمىسىدىكى 11 ئاكادېمىك ۋە مەشھۇر مۇتەخەسسىسلەر چوڭ يىغىندا دوكلات بەردى.

ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ يەر تەۋرەش مۇتەخەسسىسلىرى، ئالىملىرى يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى تەڭرىتاغدىكى يەر تەۋرىشىنى خەلقئارا بويىچە ھەمكارلىشىپ تەتقىق قىلىش جەھەتتىكى يېڭى پىكىر يوللىرى، يېڭى تېخنىكا ۋە يېڭى ئۇسۇللىرىنى ئالماشتۇردى، يەر تەۋرەش ئاپىتىگە باھا بېرىش ۋە ئۇنى مۆلچەرلەش تەتقىقاتى، تەڭرىتاغدىكى يەر تەۋرىشىنى رايونلارغا ئايرىش، يەر تەۋرەش كۈچلۈك بولغان يەر يۈزى ھەرىكىتى، پەيزاۋاتتىكى كۈچلۈك يەر تەۋرىشىنىڭ توپلاشما پوست بىلەن مانتىل قۇرۇلمىسى ھەمدە سېيسمولوگىيە تەتقىقاتى قاتارلىقلارغا دائىر تەتقىقات نەتىجىلىرىنى دوكلات قىلدى.

يىغىندا شىنجاڭنىڭ پەيزاۋاتتىكى كۈچلۈك تەۋرىشىنىڭ توپلىشىش ئەھۋالى مەركەزلىك تونۇشتۇرۇلدى.

لىيۇ چىخۇڭ

## تاشقى پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقى ۋە ئالاقىسى

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر يەر تەۋرەش ئىدارىسى لېكسىيە سۆزلەش، خەلقئارا يىغىنغا قاتنىشىش ۋە خەلقئارا ھەمكارلىق تۈرلىرىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن شىنجاڭغا كەلگەن 7 چەت ئەل مۇتەخەسسىسلەر ئۆمىكى - گۇرۇپپىسىدىكى 27 ئادەم (قېتىم) نى كۈتۈۋالدى؛ تەكشۈرۈش، خەلقئارا يىغىنغا قاتنىشىش ئۈچۈن 3 يەر تەۋرەش مۇتەخەسسىسلەر ئۆمىكى، گۇرۇپپىسى تەركىبىدە 3 ئادەم (قېتىم) نى چەت ئەلگە چىقاردى.

ئامېرىكا كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتى لامونت - دوخېد يەر شارىنى كۆزىتىش پونكىتىنىڭ دوكتورى شيې جياكاڭ تەكلىپكە بىنائەن شىنجاڭغا كېلىپ، 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە لېكسىيە ئوقۇدى.

جۇڭگو — ئامېرىكا پەن - تېخنىكا ھەمكارلىق كېلىشىمىدىكى «تەڭرىتاغنىڭ يەر شارى دىنامىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات» تۈرىگە ئاساسەن، ئامېرىكا رېنشلېر تەبىئىي پەن ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى ستېۋېن (StevenRoeeker) شىنجاڭغا كېلىپ، 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 7 - كۈنىگىچە تەڭرىتاغدا 11 يۈرۈش كەڭ چاستوتا بەلۋاغلىق رەقەملىك سېيسموگرافنى ئورنىتىش - قوراشتۇرۇش خىزمىتىنى تاماملىدى.

ئامېرىكا يەر شارى دىنامىكا مۇتەخەسسىسى بۇربانك (D. W. Burbank) قاتارلىق 2 كىشى شىنجاڭغا كېلىپ، 7 - ئاينىڭ 7 — 23 - كۈنىگىچە جەنۇبىي تەڭرىتاغدا گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ھەمدە شىنجاڭ يەر تەۋرەش ئىدارىسىدا ئىلىم - پەن ئالماشتۇرۇش ئىشىنى ئېلىپ باردى.

تەڭرىتاغدا يەر تەۋرەشكە دائىر 99' خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى 9 - ئايدا ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ يەر تەۋرەشنى تەتقىق قىلغۇچى 19 ئالىمى يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە ئۇلار جۇڭگو، قازاقىستان، قىرغىزىستاننىڭ ھەمكارلىق تۈرىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش - باھالاش يىغىنىغا قاتناشتى.

گېرمانىيىلىك گېئونومىيە مۇتەخەسسىسى ئېدۋارد (EdwardSobel) شىنجاڭغا كېلىپ، 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 4 - كۈنىگىچە تەڭرىتاغ ۋە پامىر رايونلىرىغا بېرىپ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

ئامېرىكا نېۋادا ئۇنىۋېرسىتېتى يەر تەۋرەش مەركىزىنىڭ دوكتورى زېڭ يۈخۇا شىنجاڭغا كېلىپ، 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە شىنجاڭ يەر تەۋرەش ئىدارىسىدا لېكسىيە سۆزلىدى ۋە پەيزاۋاتتىكى كۈچلۈك يەر تەۋرەشتە توپلاشما تەۋرەش مەنبەسىنىڭ يېرىلىش جەريانى ۋە يېرىلىش مېخانىزمىنى ھەمكارلىشىپ تەتقىق قىلدى.

يېڭى زېلاندىيە ۋېكتورىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى داۋىد (DaVid Vere Jones) بىلەن دوكتور رايموند (RaymondDouglasBrownrigg) شىنجاڭغا كېلىپ، 11 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە شىنجاڭ يەر تەۋرەش ئىدارىسىدا يەر تەۋرەشكە دائىر پەن - تېخنىكا ۋە ئىلىم - پەن ئالماشتۇرۇش، لېكسىيە سۆزلەش پائالىيىتى ئېلىپ باردى ھەمدە بىر قەدەر ئىلغار بولغان سېيسمولوگىيە يۇمشاق دېتال سىستېمىسى بەردى.

شىنجاڭ يەر تەۋرەش ئىدارىسىنىڭ ئالىي ئىنژېنېرى لۇي گۈيلىن ئامېرىكىنىڭ نېۋادا ئۇنىۋېرسىتېتى يەر تەۋرەش تەجرىبىخانىسىغا بېرىپ، 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنىگىچە يەر تەۋرەش پەن - تېخنىكىسىنى ئالماشتۇردى ۋە زىيارەتتە بولدى. ئامېرىكا تەرەپ بىلەن بىرگە شىنجاڭنىڭ پەيزاۋاتتىكى كۈچلۈك توپلاشما يەر تەۋرەش خاتىرىلىرىنى بىر تەرەپ قىلدى، يەر سىلكىنىشكە دائىر ماتېرىياللار ۋە ئانالىز يۇمشاق دېتاللىرىنى توپلىدى.

8 - ئايدا شىنجاڭ يەر تەۋرەش ئىدارىسىنىڭ كۆزەتكۈچىسى شى جيەنباڭ قازاقىستانغا بېرىپ، «تەڭرىتاغدا يەر تەۋرەشكە دائىر 1999 - يىللىق خەلقئارا مۇھاكىمە يىغىنى»نى ماسلاشتۇرۇش ئۈستىدە خىزمەت زىيارىتىدە بولدى.

شىنجاڭ يەر تەۋرەش ئىدارىسىدىن دوكتور جاۋ رۇيبىن مېكسىكىغا بېرىپ 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 17 - كۈنىگىچە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش RADIIIUS مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى.

لىيۇ چىخۇڭ

# مېتېئورولوگىيە

## شىنجاڭنىڭ 1999 - يىللىق كىلىماتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1999 - يىلى شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرىدا تېمپېراتۇرا يۇقىرىراق بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ يۇقىرىلىق دەرىجىسى 70 - يىللاردىن بۇيانقى 1 - ئورۇندا تۇردى. يىللىق مۆل - يېغىن مىقدارى شىمالىي شىنجاڭدا كۆپرەك، جەنۇبىي شىنجاڭدا ئازراق بولدى. مۇشۇ يىلدا باسقۇچ خاراكتېرلىك ئاپەت خېلى ئېغىر بولدى.

تېمپېراتۇرا

يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا 7.8℃، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا 12.1℃ بولدى، ئادەتتىكى يىللارنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا، شىمالىي شىنجاڭدا 1.3℃، جەنۇبىي شىنجاڭدا 1.2℃ يۇقىرى بولدى. چۆچەك، ئىلى، شىخەنزە، ئۈرۈمچى، تۇرپان، قاراشەھەر، خوتەنلەردە يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 2℃ يۇقىرى بولغاندىن سىرت، باشقا جايلاردا 1℃ ئۆپچۆرىسىدە يۇقىرى بولدى. تۇرپان، قاراشەھەر، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن رايونلىرىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 70 - يىللاردىن بۇيانقى ئەڭ يۇقىرى قىممەت بىلەن تەڭلەشتى.

قىش پەسلى (1998 - يىل 12 - ئايدىن 1999 - يىل 2 - ئايغىچە): پەسىللىك ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا -9.7℃، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا

2.7℃ - بولدى، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا، شىمالىي شىنجاڭدا 2.5℃، جەنۇبىي شىنجاڭدا 2.9℃ يۇقىرى بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە جەنۇبىي شىنجاڭدا تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرىلىق دەرىجىسى تارىختىكى شۇ مەزگىل ئىچىدە 1 - ئورۇنغا ئۆتتى. 12 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭدا تېمپېراتۇرا 9.2℃ - بولۇپ، ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن 1.5℃ يۇقىرى بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچىدە 3.2℃ يۇقىرى بولدى، شىمالىي شىنجاڭنىڭ باشقا رايونلىرىدا يۇقىرىلىق دەرىجىسى 0.5℃ — 2.1℃ ئۆپچۆرىسىدە بولدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئايلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 2.8℃ - بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارغا قارىغاندا 3.3℃ يۇقىرى بولدى. پۈتكۈل قىش پەسلىدە تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرىلىق دەرىجىسى ئەڭ زور بولغان بىر ئاي بولدى، تارىختىكى شۇ مەزگىل ئىچىدە 2 - ئورۇنغا ئۆتتى. بايىنبۇلاقتا يۇقىرىلىق دەرىجىسى 5.8℃ قا يەتتى، تۇرپان، قاراشەھەرلەردە 4℃ ئۆپچۆرىسىدە يۇقىرى بولدى، باشقا جايلاردا ئومۇميۈزلۈك ھالدا 3℃ ئۆپچۆرىسىدە يۇقىرى بولدى. 1 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭدا تېمپېراتۇرا 13.7℃ - بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 0.8℃ يۇقىرى بولدى. شىخەنزە، گۇچۇڭدا 0.5℃ تۆۋەنرەك بولغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا جايلاردا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 0.6℃ ~ 2.3℃ يۇقىرى بولدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭدا تېمپېراتۇرا 6.2℃ - بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 2.2℃ يۇقىرى بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە تۇرپاندا 4℃ يۇقىرى، قۇمۇل، ئاقسۇ، قەشقەردە 2.6℃ — 2.9℃ يۇقىرى، باشقا جايلاردا 0.5℃ — 2℃ يۇقىرى بولدى. 2 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭدا تېمپېراتۇرا 6.3℃ - بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 5.4℃ يۇقىرى بولدى، تارىختىكى شۇ مەزگىل ئىچىدە 1 - ئورۇنغا ئۆتۈپ، قىش پەسلى ئىچىدە ئەڭ ئىللىق بىر ئاي بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە چۆچەكتە 7.1℃ يۇقىرى بولۇپ، تارىختىكى شۇ مەزگىل ئىچىدە 1 - ئورۇندا تۇردى. شىمالىي شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىدا 4℃ — 7℃ يۇقىرى، شىمالىي شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسىملىرىدا 5℃ —6 ℃ يۇقىرى، شىمالىي شىنجاڭنىڭ تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىدا 4℃ — 5℃ يۇقىرى بولدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭدا تېمپېراتۇرا 0.5℃ بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 3.1℃ يۇقىرى بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە بايىنبۇلاقتا 6.1℃ يۇقىرى، ئاقسۇ، كۇچا، چەرچەندە 2.6℃ — 2.7℃ يۇقىرى، باشقا جايلاردا 3℃ — 4℃ يۇقىرى بولدى.

ئەتىياز پەسلى (3 - ئايدىن 5 - ئايغىچە): پەسىللىك ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا 9.1℃، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا 14.5℃ بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن، شىمالىي شىنجاڭدا 0.5℃ يۇقىرى، جەنۇبىي شىنجاڭدا 0.6℃ يۇقىرى بولدى. ئەتىياز پەسلىدە يۇقىرى تېمپېراتۇرا ئاساسەن 4 - ۋە 5 - ئايلاردا كۆرۈلدى، 3 - ئايدا تېمپېراتۇرا تۆۋەن بولدى. 3 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭدا تېمپېراتۇرا 2.6℃ - بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارغا قارىغاندا 1.3℃ تۆۋەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە شىمالىي شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىدا 4℃ — 5℃ تۆۋەن بولدى، ئالتايدا تېمپېراتۇرىنىڭ تۆۋەن بولۇش دەرىجىسى تارىختىكى شۇ مەزگىل ئىچىدە 2 - ئورۇنغا ئۆتتى. جىڭ، موڭغۇلكۈرەدە 2℃ ئۆپچۆرىسىدە تۆۋەن بولدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭدا 3 - ئايدا تېمپېراتۇرا 6.8℃ بولۇپ، ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن 0.1℃ يۇقىرى بولدى، قۇمۇل، تۇرپان، كورلا رايونلىرىدا 1℃ ئۆپچۆرىسىدە تۆۋەن بولغانلىقىنى، قاراشەھەر، ئاقسۇدا ئادەتتىكى يىللاردىكىگە يېقىنلاشقانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ باشقا رايونلىرىدا 1℃ — 2℃ يۇقىرى بولدى، بايىنبۇلاقتا 3℃قا يېقىن يۇقىرى بولدى. 4 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭدا تېمپېراتۇرا 11.1℃ قا يېتىپ، ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن 0.8℃ يۇقىرى بولدى، شىمالىي شىنجاڭنىڭ غەربىدىكى قىسمەن رايونلاردا تېمپېراتۇرا تۆۋەن بولغاندىن سىرت، باشقا رايونلاردا ئومۇمەن يۇقىرى بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە شىخەنزىنىڭ غەربىگە جايلاشقان شىمالىي شىنجاڭدىكى تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىدا، بورتالا ئوبلاستى ۋە ئالتاي رايونلىرىنىڭ قىسمەن رايونلىرىدا تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرىلىق دەرىجىسى 1℃ — 2℃ بولدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ تېمپېراتۇرىسى 15.3℃ بولۇپ، ئىلگىرىكى يىللاردىكىدىن 0.4℃ يۇقىرى بولدى، غەربىي قىسمىدىكى قىسمەن رايونلاردا تېمپېراتۇرا تۆۋەن بولغاندىن سىرت، باشقا رايونلارنىڭ ھەممىسىدە يۇقىرى بولدى، بايىنغولىن ئوبلاستى، تۇرپان - پىچان - توقسۇن ئويمانلىقى ۋە شەرقىي شىنجاڭ رايونلىرىدا تېمپېراتۇرا 1℃ ئۆپچۆرىسىدە يۇقىرى بولدى. 5 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭدا تېمپېراتۇرا 18.9℃قا يېتىپ، ئىلگىرىكى يىللاردىكىدىن 1.9℃ يۇقىرى بولدى. شىمالىي شىنجاڭدىكى ھەر قايسى جايلاردا تېمپېراتۇرا ئومۇميۈزلۈك 1℃ — 2℃ يۇقىرى بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە شىمالىي شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىدا، شىمالىي شىنجاڭنىڭ شەرقىدىكى كۆكتوقاي قاتارلىق جايلاردا تېمپېراتۇرا 2℃ — 3℃ يۇقىرى بولدى، كۆكتوقايدا تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرىلىق دەرىجىسى تارىختىكى شۇ مەزگىل بويىچە 2 - ئورۇندا تۇردى؛ جەنۇبىي شىنجاڭدا تېمپېراتۇرا 21.3℃ بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 1℃ يۇقىرى بولدى، ھەر قايسى جايلارنىڭ

تېمپېراتۇرىسى ئومۇمىيۈزلۈك 1℃ — 2℃ يۇقىرىراق بولدى.

ياز پەسلى (6 - ئايدىن 8 - ئايغىچە): پەسىللىك ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا 23.1℃، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا 25.4℃ بولدى، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا 0.5℃ يۇقىرى، جەنۇبىي شىنجاڭدا 0.6℃ يۇقىرى بولدى. شىمالىي شىنجاڭدا يۇقىرى تېمپېراتۇرا داۋاملاشقان ۋاقىت ئاساسەن 7 - ۋە 8 - ئايلارغا توغرا كەلدى، 6 - ئايدا تۆۋەنرەك بولدى. 6 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭنىڭ تېمپېراتۇرىسى 21.6℃ بولۇپ، ئادەتتىكى يىللاردىكىگە يېقىنلاشتى، كۆكتوقايدا 1.5℃ يۇقىرى بولدى، شىمالىي شىنجاڭنىڭ تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىدا، جىڭ ناھىيىسىدە تېمپېراتۇرا ئادەتتىكى يىللاردىكىگە يېقىنلاشقاندىن سىرت، باشقا جايلاردا 0.5℃ ئۆپچۆرىسىدە تۆۋەن بولدى، گۈچۈڭدا 1℃ تۆۋەن بولدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭدا تېمپېراتۇرا 24.9℃ بولۇپ، ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن 0.6℃ يۇقىرى بولدى، چەرچەندە تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرىلىق دەرىجىسى تارىختىكى شۇ مەزگىل بويىچە 2 - ئورۇنغا ئۆتتى، 1990 - يىلدىن قالسىلا 2 - ئورۇندا تۇرىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدا تېمپېراتۇرا ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن 0.4℃ — 1.7℃ يۇقىرى بولدى، 7 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭدا تېمپېراتۇرا 24.7℃ بولۇپ، ئۆتكەن يىللاردىكىدىن 0.9℃ يۇقىرى بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە شىمالىي شىنجاڭنىڭ شەرقىدىكى كۆكتوقايدا 2.9℃ يۇقىرى بولدى، يۇقىرىلىق دەرىجىسى تارىختىكى شۇ مەزگىل بويىچە 1 - ئورۇندا تۇردى. بەيتىك تېغىدا 2℃ يۇقىرى بولدى، يۇقىرىلىق دەرىجىسى تارىختىكى شۇ مەزگىل بويىچە 2 - ئورۇندا تۇردى؛ جەنۇبىي شىنجاڭدا تېمپېراتۇرا 26.2℃ بولۇپ، ئۆتكەن يىللاردىكىدىن 0.3℃ يۇقىرى بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە بارىكۆلدە ئۆتكەن يىللاردىكىدىن 2.1℃ يۇقىرى بولدى، بايىنبۇلاقتا 1.4℃ يۇقىرى بولدى. 8 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭنىڭ تېمپېراتۇرىسى 23.1℃ بولۇپ، ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن 0.9℃ يۇقىرى بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە شىمالىي شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىدا تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرىلىق دەرىجىسى 0.9℃ — 2.6℃ بولدى، چۆچەكتە تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرىلىق دەرىجىسى تارىختىكى شۇ مەزگىل بويىچە 2 - ئورۇندا تۇردى، 1998 - يىلدىكىگە قارىغاندىمۇ 2 - ئورۇندا تۇردى. شىمالىي شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمىدا تېمپېراتۇرا ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن 1.1℃ — 1.5℃ يۇقىرى بولدى، گۈچۈڭ، ئۈرۈمچىنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئادەتتىكى يىللارنىڭكىگە يېقىنلاشقاندىن سىرت، شىمالىي شىنجاڭنىڭ تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىدىكى باشقا جايلاردا 1℃ ئۆپچۆرىسىدە يۇقىرى بولدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭدا تېمپېراتۇرا 25.2℃ بولۇپ، ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن 0.6℃ يۇقىرى بولدى. كۇچادا 0.4℃ تۆۋەن بولغاندىن سىرت، باشقا جايلاردا 0.5℃ يۇقىرى بولدى.

كۈز پەسلى (9 - ئايدىن 11 - ئايغىچە): پەسىللىك ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا 8.5℃، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا 11.9℃ بولدى، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، شىمالىي شىنجاڭدا 1.3℃ يۇقىرى بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە 10 - ئاي ۋە 11 - ئايدا تېمپېراتۇرا كۆرۈنەرلىك ھالدا يۇقىرى بولدى، جەنۇبىي شىنجاڭدا 1.4℃ يۇقىرى بولدى، 9 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭنىڭ تېمپېراتۇرىسى 16.7℃ بولۇپ، ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن 0.3℃ يۇقىرى بولدى. ئالتاي، شىخودا ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن تۆۋەن بولغاندىن سىرت، باشقا جايلاردا يۇقىرى بولدى، جەنۇبىي شىنجاڭدا تېمپېراتۇرا 20.4℃ بولۇپ، ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن 1.2℃ يۇقىرى بولدى، يۇقىرىلىق دەرىجىسى تارىختىكى شۇ مەزگىل بويىچە 2 - ئورۇندا تۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە خوتەندە تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرىلىق دەرىجىسى 2.9℃ بولۇپ، تارىختىكى شۇ مەزگىل بويىچە 1 - ئورۇندا تۇردى، كۇچانىڭ تېمپېراتۇرىسى ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن تۆۋەن بولدى، قۇمۇلنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئادەتتىكى يىللاردىكىگە يېقىنلاشقاندىن سىرت، باشقا جايلاردا 1℃ — 2℃ يۇقىرى بولدى، 10 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭنىڭ تېمپېراتۇرىسى 10.1℃ بولۇپ، ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن 2.5℃ يۇقىرى بولدى، يۇقىرىلىق دەرىجىسى تارىختىكى شۇ مەزگىل بويىچە 2 - ئورۇندا تۇردى، 1979 - يىلدىكىسى بىلەن تەڭلەشتى، چۆچەك، جىڭ، ئۈرۈمچىدە 2℃ — 3℃ يۇقىرى بولدى، يۇقىرىلىق دەرىجىسى تارىختىكى شۇ مەزگىل بويىچە 2 - ئورۇندا تۇردى، ئىلى رايونىدا 2℃ يۇقىرى بولدى. شىخەنزىدە 2.5℃ يۇقىرى بولۇپ، يۇقىرىلىق دەرىجىسى تارىختىكى شۇ مەزگىل بويىچە 3 - ئورۇندا تۇردى، باشقا جايلاردا تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرىلىق دەرىجىسى 2℃ ئۆپچۆرىسىدە بولدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭدا تېمپېراتۇرا 10.8℃ بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 1.7℃ يۇقىرى بولدى. كۇچادا ئادەتتىكى يىللارنىڭكىگە يېقىنلاشقاندىن سىرت، باشقا جايلاردا 1℃تىن يۇقىرى بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە تۇرپاندا 2.8℃ يۇقىرى بولۇپ، تارىختىكى شۇ مەزگىل بويىچە 2 - ئورۇندا تۇردى؛ قاراشەھەردە 2.5℃ يۇقىرىراق بولۇپ، تارىختىكى شۇ مەزگىل بويىچە 1 - ئورۇندا تۇردى، خوتەندە 1.9℃ يۇقىرى بولۇپ، تارىختىكى شۇ مەزگىل بويىچە 2 - ئورۇندا تۇردى. 11 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭدا تېمپېراتۇرا 1℃ - بولۇپ،

ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن 1.3℃ يۇقىرى بولدى، كۈچچۈگىدا ئادەتتىكى يىللاردىكىگە يېقىنلاشقاندىن سىرت، باشقا جايلاردا 1℃ — 2℃ يۇقىرى بولدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭدا 2.9℃ بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 1.4℃ يۇقىرى بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە تۇرپاندا 2.7℃ يۇقىرى بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا 4 - ئورۇندا تۇردى. قاراشەھەردە 2.2℃ يۇقىرى بولدى. قالغان جايلاردا تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرىلىق دەرىجىسى 1℃ — 2℃قا يەتتى.

## هۆل - يېغىن

يىللىق هۆل - يېغىن مىقدارى شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا 252.3 مىللىمېتىر، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا 43.7 مىللىمېتىر بولدى. ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، شىمالىي شىنجاڭدا %2 كۆپ بولدى، جەنۇبىي شىنجاڭدا %10 ئاز بولدى. ئالتاي، چۆچەكتە %20 ئۆپچۆرىسىدە ئازايغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا جايلاردا هۆل- يېغىن كۆپ بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە شىخودا %90، شىخەنزىدە %70 كۆپ بولدى. كۆپىيىش دەرىجىسى تارىختىكى شۇ مەزگىل بويىچە 1 - ئورۇندا تۇردى؛ قۇمۇل، كۇچا، ئاقسۇدا هۆل - يېغىن %10 — %30گىچە كۆپ بولغاندىن سىرت، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى باشقا جايلاردا ئاز بولدى، هۆل - يېغىن ئەڭ ئاز بولغان تۇرپاندا پەقەت 9 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن %40 ئاز بولدى، قەشقەردە %70كە يېقىن ئاز بولدى.

مۇشۇ بىر يىل ئىچىدە هۆل - يېغىننىڭ تارقىلىشى تەكشى بولمىدى، 8 - ئاي مۇشۇ يىل ئىچىدە هۆل - يېغىن ئەڭ كۆپ بولغان ۋاقىت بولدى. 2 - ئاي مۇشۇ يىل ئىچىدە هۆل - يېغىن ئەڭ ئاز بولغان ۋاقىت بولدى.

قىش پەسلى (1998 - يىل 12 - ئايدىن 1999 - يىل 2 - ئايغىچە) : پەسىللىك هۆل - يېغىن مىقدارى شىمالىي شىنجاڭدا 43.2 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن %40 كۆپ بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالتاي، شىخودا ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن ئازراق بولدى. جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا پەسىللىك هۆل - يېغىن مىقدارى 1.8 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن %60 ئاز بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە چەرچەندە بىر ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى، قاراشەھەردە ئادەتتىكى يىللاردىكىگە يېقىنلاشتى، تۇرپان، قەشقەردە پەسىل ئىچىدە هۆل - يېغىن كۆرۈلمىدى، ھەر قايسى جايلاردا %30 —% 80 ئاز بولدى. 12 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭدا ئوتتۇرىچە هۆل - يېغىن مىقدارى 22.2 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن %70 كۆپ بولدى. ئالتاي، ئالاتاۋ ئېغىزىدا يېغىن ئاز بولغاندىن سىرت، باشقا جايلاردا كۆپرەك بولدى، ئىلى، كۈنەستە بىر ھەسسىدىن ئارتۇق كۆپ بولدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭدا ئوتتۇرىچە هۆل - يېغىن مىقدارى 0.8 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن %30كە يېقىن ئاز بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە قاراشەھەر، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەندە ئايلار ئارا هۆل - يېغىن بولمىدى. 1 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭدا ئوتتۇرىچە هۆل - يېغىن مىقدارى 12.8 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن %30 كۆپ بولدى. ئالتاي، بورتالا، جىڭدا ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن ئاز بولغاندىن سىرت، باشقا جايلاردا كۆپ بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە شىمالىي شىنجاڭدىكى تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدە %80 تىن 1.8 ھەسسىگىچە كۆپ بولدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئوتتۇرىچە هۆل - يېغىن 1.1 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن %30 ئاز بولدى. 2 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا ئوتتۇرىچە هۆل - يېغىن مىقدارى 8.2 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن %10 تىن كۆپرەك ئاز بولدى. ھەر قايسى جايلاردا هۆل - يېغىن مىقدارى بورتالادا بىر ھەسسىدىن كۆپ بولغانلىقىنى، كۆكتوقاي، جىڭ، كۈنەستە سەل كۆپرەك بولغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان جايلاردا ئازراق بولدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئوتتۇرىچە هۆل - يېغىن مىقدارى 0 مىللىمېتىر بولدى، تاغلىق رايونلاردىكى بارىكۆل، بايىنبۇلاقتا 2 — 5 مىللىمېتىر بولغاندىن سىرت، تۈزلەڭلىكتىكى جايلاردا ئاساسەن هۆل - يېغىن بولمىدى.

ئەتىياز پەسلى (3 - ئايدىن 5 - ئايغىچە) : پەسىللىك هۆل - يېغىن مىقدارى شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا 64.5 مىللىمېتىر، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا 5.2 مىللىمېتىر بولدى، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا %10گە يېقىن كۆپ بولدى، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا %50تىن كۆپرەك ئاز بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە چەرچەندە ئۈدا 3 ئاي هۆل - يېغىن بولمىدى، تۇرپان، كۇچا، قاراشەھەر، خوتەن قاتارلىق جايلاردا هۆل - يېغىننىڭ ئازىيىش دەرىجىسى %60كە يەتتى. 3 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭدا ئوتتۇرىچە هۆل - يېغىن مىقدارى 7.3 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن %20 كۆپ بولدى، ئالاتاۋ ئېغىزى، بورتالا، ئىلى، جىڭ ناھىيىسىدە %20 — %90 ئاز بولغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا جايلاردا %20 — %90 كۆپ بولدى. ئالتايدا هۆل - يېغىننىڭ كۆپىيىش دەرىجىسى بىر ھەسسىدىن ئاشتى؛ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەشقەردە هۆل - يېغىن مىقدارى بىر مىللىمېتىر، تاغلىق رايونلاردىكى بايىنبۇلاق ۋە بارىكۆلدە 1 — 6 مىللىمېتىر بولغاندىن سىرت، باشقا جايلاردا ئاساسەن هۆل - يېغىن بولمىدى. 4 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭدا ئوتتۇرىچە هۆل -

يېغىن مىقدارى 22.2 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكى قىممەتكە يېقىنلاشتى. 4 - ئايدا سوغۇق ھاۋانىڭ تەسىرى بىلەن شىمالىي شىنجاڭدىكى تەڭرىتاغنىڭ قىسمەن رايونلىرىدا زور ھۆل - يېغىن كۆرۈلدى. بۇنىڭ بىلەن شىخەنزىدە ئايلىق ھۆل - يېغىن مىقدارى ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن %20، شىخودا %70 كۆپ بولدى. چۆچەكتىمۇ ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن %30 كۆپ بولدى، شىمالىي شىنجاڭنىڭ باشقا رايونلىرىدا %20 — %40 كۆپ بولدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭدا ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 6.2 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكى قىممەت بىلەن يېقىنلاشتى؛ ھەر قايسى جايلاردا ھۆل - يېغىن مىقدارى قەشقەردە %20، خوتەندە %50، ئاقسۇدا بىر ھەسسە كۆپ بولغاندىن سىرت، باشقا جايلاردا ئاز بولدى ياكى ئاساسىي جەھەتتىن ھۆل - يېغىن كۆرۈلمىدى. 5 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 24.8 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇمەزگىلىدىكى قىممەتكە يېقىنلاشتى. شىمالىي شىنجاڭنىڭ غەربى بىلەن شىخەنزىنىڭ غەربىدىكى شىمالىي شىنجاڭنىڭ تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىدا ھۆل - يېغىن %30تىن بىر ھەسسىگىچە كۆپ بولدى. شىخو، بەيتىك تېغى، ئالاتاۋ تاغ ئېغىزىدا ئادەتتىكى يىللاردىكىگە يېقىنلاشتى، شىمالىي شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمى ۋە ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىدىكى شىمالىي شىنجاڭنىڭ تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىدا %30 — %70 ئاز بولدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 5.2 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن %60كە يېقىن ئاز بولدى، قۇمۇلدا 8 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن 7.1 ھەسسە كۆپ بولدى. تۇرپاندا بىر مىللىمېتىرغا يېتىپ، ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن %40 كۆپ بولدى، باشقا رايونلاردا ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن %30 تىن بىر ھەسسىگىچە ئاز بولدى، خوتەن، چەرچەن، كورلىدا ئاساسىي جەھەتتىن ھۆل - يېغىن بولمىدى.

ياز پەسلى (6 - ئايدىن 8 - ئايغىچە) : پەسىللىك ھۆل - يېغىن مىقدارى شىمالىي شىنجاڭدا 93.9 مىللىمېتىر، جەنۇبىي شىنجاڭدا 31.8 مىللىمېتىر بولدى، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلدىكىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، شىمالىي شىنجاڭدا %50، جەنۇبىي شىنجاڭدا %30 كۆپ بولدى، شىخو، شىخەنزىدە پەسىللىك ھۆل - يېغىن مىقدارى تارىختىكى شۇ مەزگىل بويىچە 1 - ئورۇندا تۇردى، كۇچادا تارىختىكى شۇ مەزگىل بويىچە 3 - ئورۇندا تۇردى. 6 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 38.9 مىللىمېتىرغا يېتىپ، ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن %60 كۆپ بولدى، جىڭ ناھىيىسى، شىخەنزە، ئۈرۈمچى، گۇچۇڭدا ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن %30 — %50 كۆپ بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە شىخەنزىدە كۆپىيىش دەرىجىسى تارىختىكى شۇ مەزگىل بويىچە 1 - ئورۇندا تۇردى. شىخو، گۇچۇڭدا تارىختىكى شۇ مەزگىل بويىچە 2 - ئورۇندا تۇردى، ئالتاي، ئىلى رايونلىرىدا ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن %30 ئۆپچۆرىسىدە ئاز بولدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 6.2 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن %20 ئاز بولدى، ئاقسۇ، كۇچادا %40 — %60 كۆپرەك بولغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا جايلاردا ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى ئاز بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە خوتەن رايونىدا ئاساسىي جەھەتتىن ھۆل - يېغىن بولمىدى. 7 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭدا ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 14.1 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللاردىكىگە سېلىشتۇرغاندا %40 ئاز بولدى. كۆكتوقاي، ئالاتاۋ ئېغىزى، كۈنەس، موڭغۇلكۈرە، ئۈرۈمچىدە ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن %10 — %70 كۆپ بولغاندىن سىرت، باشقا رايونلاردا %20 — %80 ئاز بولدى، جەنۇبىي شىنجاڭدا ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 10.3 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن %10 كۆپ بولدى. تۇرپان، كورلا، چەرچەندە %70 تىن كۆپرەك ئاز بولدى، قاراشەھەر، قەشقەردە %10 — %20 ئاز بولدى، باشقا جايلاردا %40 — %70 كۆپ بولدى، بايىنبۇلاقتا 1.2 ھەسسە كۆپ بولدى، يۇقىرىلىق دەرىجىسى تارىختىكى شۇ مەزگىل بويىچە 2 - ئورۇندا تۇردى. 8 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭدا ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 40.4 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن 1.5 ھەسسە كۆپ بولدى، كۆپىيىش دەرىجىسى تارىختىكى شۇ مەزگىل بويىچە 1 - ئورۇندا تۇردى، ئالتاي، چۆچەك قاتارلىق جايلاردا ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن %40 — %70 ئاز بولدى، باشقا جايلاردا كۆپ بولدى. شىخو، شىخەنزىدە نورمالسىزلىق كۆپ بولدى، كۆپىيىش دەرىجىسى تارىختىكى شۇ مەزگىل بويىچە 1 - ئورۇندا تۇردى، كۈنەس، گۇچۇڭدا تارىختىكى شۇ مەزگىل بويىچە 2 - ئورۇندا تۇردى، ئۈرۈمچىدە تارىختىكى شۇ مەزگىل بويىچە 3 - ئورۇندا تۇردى؛ جەنۇبىي شىنجاڭدا ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 15.2 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن 1.1 ھەسسە كۆپ بولدى. قۇمۇل، بارىكۆلدە ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن %10 — %40 ئاز بولدى، قەشقەردە ئاساسەن ھۆل - يېغىن بولمىدى، باشقا جايلاردا ھۆل - يېغىن كۆپرەك بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە چەرچەن، خوتەن، كۇچا، قاراشەھەر قاتارلىق جايلاردا كۆپىيىش دەرىجىسى تارىختىكى شۇ مەزگىل بويىچە 3 - ئورۇندا تۇردى.

كۈز پەسلى (9 - ئايدىن 11 - ئايغىچە) :

پەسىللىك ھۆل - يېغىن مىقدارى شىمالىي شىنجاڭدا 59.5 مىللىمېتىر، جەنۇبىي شىنجاڭدا 4.7 مىللىمېتىر بولدى، ئادەتتىكى يىللاردىكى شۇ مەزگىلدىكىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، شىمالىي شىنجاڭدا 20% كۆپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا 30% ئاز بولدى، شىخو، ئاقسۇدا ھۆل - يېغىننىڭ كۆپىيىش دەرىجىسى خېلى زور بولۇپ، بىر ھەسسىدىن ئاشتى. 9 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭدا ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 25.3 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن 60% كۆپ بولدى. ئالتايدا 20%، چۆچەكتە 50% ئاز بولدى، باشقا جايلاردا كۆپرەك بولدى، شىخودا كۆپىيىش دەرىجىسى تارىختىكى شۇ مەزگىل بويىچە 1 - ئورۇندا تۇردى. شىخەنزىدە 5 - ئورۇندا تۇردى؛ جەنۇبىي شىنجاڭدا ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 8.2 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن 20% ئاز بولدى. ئاقسۇدا 2.2 ھەسسە كۆپ بولۇپ، تارىختىكى شۇ مەزگىل بويىچە 3 - ئورۇندا تۇردى، باشقا جايلاردا ئازراق بولدى. 10 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭدا ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 21.1 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن 20% كۆپ بولدى. چۆچەكتە 30% ئاز بولدى، باشقا جايلاردا كۆپرەك بولدى، جىڭ، شىخو، گۈرجۈڭدا 70% — 80% كۆپ بولدى; جەنۇبىي شىنجاڭدا ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 1.1 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن 30% ئاز بولدى. قاراشەھەردە بىر ھەسسە كۆپ بولدى، باشقا جايلاردا ئاز بولدى. 11 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭدا ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 13 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن 20% ئاز بولدى. جىڭدا بىر ھەسسە كۆپ، گۈرجۈڭدا نورمال بولۇپ سەل كۆپرەك بولغاندىن سىرت، باشقا جايلاردا ئازراق بولدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭدا ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 0.7 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن 30% ئاز بولدى. قۇمۇلدا ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن 3.2 ھەسسە كۆپ بولۇپ، كۆپىيىش دەرىجىسى تارىختىكى شۇ مەزگىل بويىچە 5 - ئورۇندا تۇردى، تۇرپاندا ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن بىر ھەسسە كۆپ بولدى، باشقا جايلاردا ئازراق بولدى.

ۋاڭ يۈنې

## 1999 - يىلدىكى نورمالسىز مېتېئورولوگىيە

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى 90 ئىستانسا - پونكت نورمالسىز مېتېئورولوگىيىلىك ھادىسە توغرىسىدا يىللىق مەلۇمات يوللىدى، بۇنىڭ ئىچىدە 80 ئىستانسا - پونكتنىڭ خاتىرىسىدە نورمالسىز مېتېئورولوگىيىلىك ھادىسە كۆرۈلگەن بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 9 ئىستانسا - پونكت كۆپەيگەن. شىنجاڭ بويىچە 18 تۈردە 208 قېتىم نورمالسىز مېتېئورولوگىيىلىك ھادىسە كۆرۈلگەن بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 2 تۈر كۆپەيگەن، 112 قېتىم ئازايغان. نورمالسىزلىق قېتىم سانى ئەڭ كۆپ كۆرۈلگەن تۈرلەر مۇنۇلار: يىللىق - ئايلىق جەملەنگەن تېمپېراتۇرا، يىللىق ئوتتۇرىچە ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا، بۇ تۈر 26 ئىستانسا - پونكتنىڭ تارىخىدا خاتىرىلەنگەن ساندىن 38 قېتىم ئېشىپ كەتكەن؛ يىللىق - ئايلىق جەملەنگەن ھۆل يېغىن مىقدارى، يىللىق - كۈنلۈك ئەڭ كۆپ ھۆل - يېغىن مىقدارى، بۇ تۈر 26 پونكتنىڭ تارىخىدا خاتىرىلەنگەن ساندىن 34 قېتىم ئېشىپ كەتكەن؛ يىللىق - ئايلىق، جەملەنگەن يۇقىرى تېمپېراتۇرا، يىللىق مۇتلەق ماكسىمۇم تېمپېراتۇرا، بۇ تۈر 22 پونكتنىڭ تارىخىدا خاتىرىلەنگەن ساندىن 26 قېتىم ئېشىپ كەتكەن. يىللىق - ئايلىق جەملەنگەن ھۆل - يېغىن مىقدارى، يىللىق ئەڭ كۆپ ھۆل - يېغىن مىقدارى، بۇ تۈر 21 پونكتنىڭ تارىخىدا خاتىرىلەنگەن ساندىن 26 قېتىم ئېشىپ كەتكەن.

1999 - يىلدىكى نورمالسىز مېتېئورولوگىيىنىڭ ئاساسىي تەسىرى:

1. تېمپېراتۇرا يۇقىرى بولغانلىقىنىڭ پايدىسى ۋە زىيىنى

1999 - يىلى تېمپېراتۇرا يۇقىرىراق بولدى، بۇ ئاساسەن شىمالىي شىنجاڭدىكى جىمىسىنەي، قوبۇقسار، چۆچەك، چاغانتوقاي، تولىي، ساۋەن، ئارشاڭ، كۈنەس، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ مەركىزىدىكى پاۋتەي، موسوۋەن، قاراماي، سىجۇڭگە، شەرقىي شىنجاڭدىكى توقسۇن، پىچان، سەنجاپار، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى خوشۇت، قاغىلىق، كېرىيە، نىيەلەرگە مەركەزلەشكەن. كۆپ قىسىم ئىستانسا - پونكتلاردا ئايلىق ئوتتۇرىچە ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا تارىختا خاتىرىلەنگەن قىممەتتىن ئېشىپ كەتكەن ئەھۋال ئاساسەن 2 - ئايدا كۆرۈلدى، 9 - ئايدا ئاز ساندا كۆرۈلدى. ئايلىق مۇتلەق ماكسىمۇم تېمپېراتۇرا تارىختا خاتىرىلەنگەن قىممەتتىن ئېشىپ كەتكەن ئەھۋال ئاساسەن 7 - ۋە 8 - ئايلاردا كۆرۈلدى، 12 - ئايدا ئاز ساندا كۆرۈلدى. ياز پەسلىدە تېمپېراتۇرا يۇقىرى، داۋاملىشىش ۋاقتى ئۇزۇن بولدى، بۇ 1999 - يىلدىكى مېتېئورولوگىيىلىك ھادىسىلەرنىڭ كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ.

شىمالىي شىنجاڭدا مۇنداق بولدى: پاۋتەيدە 5 - ئايدا كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈشى تولۇق، تېمپېراتۇرا يۇقىرى بولۇپ، تولۇقلاپ تېرىلغان كېۋەزلىكلەردىكى مايسىلارنىڭ ئۈنۈپ چىقىشىغا پايدىلىق بولدى. كېۋەزنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگىمۇ پايدىلىق بولدى. 7 - ئايدا داۋام قىلغان يۇقىرى تېمپېراتۇرا تاغلاردىكى جۇغلانما قارلارنىڭ كۆپ مىقداردا ئېرىشىگە سەۋەب

بولۇپ، 100 يىلدا كۆرۈلۈپ باقمىغان كەلكۈننى پەيدا قىلدى. موسوۋەندا كۈز پەسلىدە تېمپېراتۇرا يۇقىرىراق، ھۆل - يېغىن كۆپ بولۇپ، قوغۇن - تاۋۇزلارنىڭ پىشىشىغا پايدىسىز بولدى؛ باش قىرو كېچىكىپ چۈشۈپ، زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈش مەزگىلىنى ئۇزارتىۋەتتى، قىزىلچا، كۆكتات، قوغۇن - تاۋۇزلارغا پايدىلىق بولدى. چۆچەكتە قىش پەسلىدە ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا ئىلگىرىكى يىللاردا خاتىرىلەنگەن قىممەتتىن يۇقىرىراق بولۇپ، قىش كىرىشتىن ئىلگىرى بالدۇر تېرىلىپ تازا ئۆسۈۋاتقان كۈزگى بۇغداي ۋە ئاچىز بۇغداي مايسىلىرىنىڭ تولۇق ئاپتىگە ئۇچراش ئېھتىماللىقىنى ئاشۇرۇۋەتتى.

شەرقىي شىنجاڭدا مۇنداق بولدى: پىچاندا 7 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن 8 - ئاينىڭ باشلىرىغىچە داۋاملاشما يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق ھاۋارايى ۋە ماكسىمۇملۇق تېمپېراتۇرا كۆرۈلۈپ، كېۋەز چېچەكى بىلەن غوزەكلىرىنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىشىنى تېزلىتىۋېتىپ، پاختا مەھسۇلاتىنى مەلۇم تەسىرگە ئۇچراتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، كىشىلەرگە ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىپ زەخىملىنىش ۋەقەسى نەچچە قېتىم يۈز بېرىپ، نورمال تۇرمۇشقا تەسىر يەتكۈزدى.

جەنۇبىي شىنجاڭدا مۇنداق بولدى: خوشۇتتا 6 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن 8 - ئاينىڭ باشلىرىغىچە جەمئىي 12 كۈن يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق ھاۋارايى پەيدا بولۇپ، قىسمەن كېۋەز غوزەكلىرىنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولدى.

2. ھۆل - يېغىن كەلكۈننى پەيدا قىلدى

1999 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ھۆل - يېغىنلىق ھاۋارايى شىمالىي شىنجاڭدا ئاساسەن بۇرچىن، جېمىنەي، قوبۇقسار، بورتالا، ئارشاڭ، غۇلجا، نىلقا، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ مەركىزىدىكى پاۋتەي، موسوۋەن، شىخەنزە، شىمالىي شىنجاڭدىكى تەڭرىتاغنىڭ تاغلىق رايونلىرى ھەمدە تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىدىكى بايىنبۇلاق، سىچۈەن، فۇكاڭ، ماناس ۋە بەيتىك تېغى، گۇچۇڭ، مورىلارغا مەركەزلەشتى. جەنۇبىي شىنجاڭدا ئاساسەن، شايار، ئۇلۇغچات، ئاقچى، تاشقورغان ۋە نىيەلەرگە مەركەزلەشتى.

ياز پەسلىدىكى ھۆل - يېغىننىڭ ئاساسلىق ئىپادىسى شۇكى، قارا يامغۇر ۋە بىر سوتكىلىق ئەڭ زور ھۆل - يېغىن مىقدارى تارىختا خاتىرىلەنگەن ساندىن ئېشىپ كېتىپ، كۆپلىگەن ۋىلايەت - ناھىيىلەردە كەلكۈن ئاپىتىنى پەيدا قىلدى.

شىمالىي شىنجاڭدا مۇنداق بولدى: 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ساۋەندىكى تاغلىق رايوندا قارا يامغۇر يېغىپ ئاساسلىق دەريالاردا ئارقىمۇ ئارقا تارىختا خاتىرىلەنگەندىن بۇيانقى پەۋقۇلئاددە زور كەلكۈن پەيدا بولدى، تۆۋەن ئېقىندىكى خەيزۇەن سۇ ئامبىرىنىڭ دامبىسىنى يار ئېلىپ كېتىپ كەلكۈن ئاپىتىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، 4 - ئىيۇل - بازار كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچراپ، سانائەت - يېزا ئىگىلىكىدە 750 مىليون يۈەن زىيان بولدى. 5 - ئاينىڭ 13 - كۈنى بورتالادا قارا يامغۇر يېغىپ، 12 سائەتتە ھۆل - يېغىن مىقدارى 36.4 مىللىمېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 6 سائەتتە ھۆل - يېغىن مىقدارى 31.4 مىللىمېتىرغا يەتتى، مۇشۇنداق قاتتىق ھۆل - يېغىن تارىختا ئاز كۆرۈلىدۇ. 147.33 گېكتار زىرائەت ئاپەتكە ئۇچرىدى. 79.53 گېكتار يەردىكى كېۋەزلىكتىن پەقەت ھوسۇل چىقمىدى، 320 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى سۇ سىڭەس ئۆستەڭ، بىر كۆۋرۈك، 31 خەتەرلىك ئۆي ۋەيران بولدى. 1 مىليون 410 مىڭ يۈەن ئىقتىسادىي زىيان بولدى. ئارشاڭ ناھىيىسىدە 1999 - يىلدىكى يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 30 يىل (1961 - يىلدىن 1990 - يىلغىچە) ئارىلىقىدىكى ئەڭ يۇقىرى رېكورت بولدى. 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى نىلقىدا يىللاردىن بۇيان ئاز كۆرۈلگەن زور ھۆل - يېغىنلىق ھاۋارايى پەيدا بولدى، سوتكىلىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 19.8 مىللىمېتىرغا يەتتى. پاۋتەيدە 7 - ئايدا يۇقىرى تېمپېراتۇرا داۋاملىشىپ تاغلاردىكى جۇغلانما قارلارنىڭ زور مىقداردا ئېرىشىگە سەۋەب بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە 8 - ئايدا ھۆل - يېغىن مىقدارى ئالاھىدە كۆپ بولغاچقا، 100 يىلدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان كەلكۈن پەيدا بولدى، ماناس دەرياسى بويىدىكى ئېتىز - ئېرىق، تاشيول، ئۆي قاتارلىقلارنى ۋەيران قىلىۋەتتى، ئىقتىسادىي زىيان ئېغىر بولدى. 1999 - يىلى موسوۋەندە ھۆل - يېغىن پەۋقۇلئاددە كۆپ بولۇپ، كەلكۈن ئاپىتىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، قاتناش ئۈزۈلۈپ قالدى، 8 - ئاينىڭ باشلىرىدا ئەڭ كۆرۈنەرلىك بولدى، ھۆل - يېغىن كۆپ، يامغۇرلۇق ۋاقىت ئۇزۇن بولغاچقا، پاختىنىڭ سۈپىتىگە تەسىر يەتتى، 1 - دەرىجىلىك پاختا مەھسۇلاتى ئازىيىپ كەتتى. 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى شىخەنزىدە كۆپ مىقداردا ھۆل - يېغىنلىق ھاۋارايى كۆرۈلدى، بولۇپمۇ 8 - ئايدا تارىختا ئاز كۆرۈلىدىغان كۈچلۈك ھۆل - يېغىنلىق ھاۋارايى پەيدا بولدى، 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى بىر كۈن ئىچىدىلا ھۆل - يېغىن مىقدارى 39.2 مىللىمېتىرغا يەتتى، كۆپلىگەن ئېتىز - ئېرىقلار ۋەيران بولدى، ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ چۈشتى، چارۋاماللار ئۆلدى. سىچۈەندە ياز پەسلىدە ھۆل - يېغىن ئالاھىدە كۆپ بولۇپ، 126.6 مىللىمېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە بولغان بىر قېتىمدىلا ھۆل - يېغىن مىقدارى 45.4 مىللىمېتىرغا يەتتى، 14 - كۈنى بىر سوتكا ئىچىدىلا ئەڭ زور ھۆل - يېغىن مىقدارى 43 مىللىمېتىرغا يېتىپ، تارىختىكى ئېكستىرېمۇم ساندىن ئېشىپ كەتتى، 2 قېتىم قاتتىق يامغۇر يېغىپ شىددەتلىك تاغ كەلكۈنى پەيدا قىلدى. كەلكۈندە 600

گېكتار ئېتىز ـ ئېرىق، 32 لاپاس، 21 كۆۋرۈك ۋەيران بولدى، 1000 مېتىر ئۈزۈنلۇقتىكى يول، 75 .66 كىلومېتىر ئۇستەڭ سىستېمىسى، 4 ماشىنىلاشقان قۇدۇق ۋەيران بولدى، 15 مىليون يۈەندىن كۆپرەك بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان بولدى. بەيتاڭ تېغىدا 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى مېتېئورولوگىيە پونكىتىنىڭ جەنۇبىغا تەخمىنەن 60 كىلومېتىر كېلىدىغان دېزىنفېكسىيە پونكىتىدا بىر قېتىم ئاز كەم 30 يىلدىن بۇيان ئاز كۆرۈلگەن قارا يامغۇر يېغىپ، تەخمىنەن 5 سىنۇت ئىچىدىلا كەلكۈن ھاسىل بولۇپ، دېزىنفېكسىيە پونكىتىنى ۋەيران قىلىۋەتتى ھەمدە كەڭلىكى تەخمىنەن 1000 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 50 سانتىمېتىر كېلىدىغان چوڭقۇر جىلغا ھاسىل بولدى، ئۇنىڭغا يېقىن يەردە ياسىلىۋاتقان تەخمىنەن 1000 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يول ئۈزلى تۈپتۈز بولۇپ كەتتى.

جەنۇبىي شىنجاڭدا مۇنداق بولدى: 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 8 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە شاياردا يۇقىرى تېمپېراتۇرا داۋاملاشقانلىقتىن، تارىم دەرياسىدا 150 يىلدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان پەۋقۇلئاددە زور كەلكۈن پەيدا بولدى، ناھىيە بويىچە 16 كەنتتىكى 2786 ئائىلىلىك دېھقان ـ چارۋىچى كەلكۈن ئاپىتىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، 13 مىڭ 952 كىشى ئاپەتكە ئۇچرىدى، دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق مەيدانلىرىدا ئاپەتكە ئۇچرىغان يەر كۆلىمى 6 .5922 گېكتارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 8 .256 گېكتار يەردىكى كېۋەزدىن پەقەت ھوسۇل ئېلىنمىدى، بىر ئادەم، 1190 چارۋا ئۆلدى. 301 ئائىلىلىك ئۆي ۋەيران بولدى، تارىم دەرياسىنىڭ 2 قىرغىقىدىكى بىر قىسىم مۇھىم سۇچىلىق مۇئەسسەسلىرى ۋە ھەرخىل سۇچىلىق قۇرۇلۇشلىرى ۋەيران بولدى، 85 مىليون يۈەندىن كۆپرەك بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان بولدى. 7 ـ ئايدا ئاقچىدا قاتتىق يامغۇر يېغىپ، مېتېئورولوگىيە پونكىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان ئاز كۆرۈلىدىغان كەلكۈن پەيدا بولدى، دېھقانلارنىڭ نۇرغۇن ئۆيلىرى ۋەيران بولۇپ زىيانغا ئۇچرىدى، تاشيول، كۆۋرۈكلەرنىڭ كۆپىنچىسى ۋەيران بولدى. بىر مەھەل قاتناش ئۈزۈلۈپ قالدى. ئالاقىلىشىش ئەسلىھەلىرى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىدىن 8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىگىچە تاشقورغاندا ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق قارا يامغۇر ياغدى، كەلكۈن، سەل قاتارلىق ئاپەتلەر پەيدا بولدى، ناھىيە بويىچە 14 يېزا (بازار)، مەيدان ئومۇمىيۈزلۈك ئاپەتكە ئۇچرىدى، بولۇپمۇ بۇرۇمخې، داتوڭ، مارياڭ، قوغۇشۇنلۇق يېزىسىدا ئاپەت ئېغىر بولدى، 62 مىليون 613 مىڭ يۈەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان بولدى.

3. قار ئاپىتى

1999 ـ يىلى قار ئاپىتى شىنجاڭدىكى 13 ۋىلايەت، ناھىيەدە، ئاساسلىقى، شىمالىي شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمى ۋە تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىدا، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى باي، تاشقورغاندا يۈز بەردى. قارلىق ھاۋارايى شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا 12 ـ ئاي ۋە 1 ـ ئايدا كۆپ كۆرۈلدى، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئاساسلىقى 3 ـ ئاي ۋە 4 ـ ئايدا كۆرۈلدى.

شىمالىي شىنجاڭدا مۇنداق بولدى: 1 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى بۇرچىندا ئوتتۇراھال قار يېغىپ جۇغلانما قارنىڭ قېلىنلىقى 8 سانتىمېتىردىن كۆپىيىپ 13 سانتىمېتىرغا يەتتى. ناھىيە بازىرىدىن چوڭقۇر يېزىسىغا بارىدىغان يوللارنى قار بېسىۋالدى، 2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن 16 ـ كۈنىگىچە قارنىڭ قېلىنلىقى 17 سانتىمېتىرغا يېتىپ، چارۋا ماللارنىڭ تۇللەش ـ تۆرەلمە يېتىلدۈرۈشىگە، ياپلاققا كۆچۈش ئىشىغا ۋە ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا مەلۇم دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزدى. 4 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىن 23 ـ كۈنىگىچە ئارشاڭ ناھىيىسى پەۋقۇلئاددە زور شىۋىرغاننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، ناھىيە بويىچە ئاپەتكە ئۇچرىغان يەر كۆلىمى 740 گېكتارغا يەتتى، 217 مىڭ چوڭ چارۋا، 170 مىڭ ياش چارۋا ئاپەتكە ئۇچرىدى، جەمئىي 4 مىليون 920 مىڭ يۈەن ئىقتىسادىي زىيان بولدى. 12 ـ ئايدا تېلىقىدا قار كۆپ ياغدى، تاغلىق رايونلاردا قارنىڭ چوڭقۇرلۇقى تەخمىنەن 100 سانتىمېتىرغا يەتتى، ناھىيە بازىرىغا يېقىن جايدىكى سۇلياۋدىن ياسالغان 9 چوڭ لاپاس ئۆرۈلۈپ چۈشتى. 12 لاپاس ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى، تاغلىق رايونلاردا قار كۆچۈپ 2 ئادەم ئۆلدى، بىر كىشى توڭلاپ ئۆلدى. ھەر قايسى يېزا ـ مەيدانلاردا 10 كۈندىن كۆپرەك قاتناش ئۈزۈلۈپ قالدى. چارۋىچىلىق نۇقتىلىرىدا ئازكەم 100 قورو چارۋا ئېغىر دەرىجىدە قامىلىپ قالدى. 500 مىڭ يۈەنگە يېقىن ئىقتىسادىي زىيان بولدى.

جەنۇبىي شىنجاڭدا مۇنداق بولدى: 4 ـ ئايدا باي ناھىيىسىدە قار ياغدى، ئەڭ زور جۇغلانما قارنىڭ قېلىنلىقى 5 سانتىمېتىرغا يەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە تېمپېراتۇرا زور دەرىجىدە تۆۋەنلىدى ۋە ئۈششۈك پەيدا بولۇپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان زىرائەت كۆلىمى 20 مىڭ 67 .126 گېكتارغا، ئاپەتكە ئايلانغان يەر كۆلىمى 10 مىڭ 461 گېكتارغا يەتتى، 87 مىڭ 600 كىشى ئاپەتكە ئۇچرىدى، 70 مىليون 172 مىڭ يۈەن ئىقتىسادىي زىيان بولدى. 3 ـ ئاينىڭ 7 — 8 ـ كۈنلىرى، 16 ـ كۈنىدىن 18 ـ كۈنىگىچە، 4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىن 14 ـ كۈنىگىچە تاشقورغاندا قارلىق ھاۋارايى كۆرۈلۈپ، قار مىقدارى 8 .40 سانتىمېتىرغا، قارنىڭ قېلىنلىقى 50 سانتىمېتىردىن 70 سانتىمېتىرغا يەتتى، چارۋا ماللار قېلىن قاردا قاپسىلىپ قالدى ۋە كۆپلەپ ئۆلۈپ كەتتى، ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ چۈشتى، يوللار ئۈزۈلۈپ قالدى، 10 مىليون 512 مىڭ 300 يۈەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان بولدى.

4. بوران ئاپىتى

1999 ـ يىلى ئاسان 4 ـ، 6 ـ، 7 ـ ئايلاردا جەنۇبىي شىنجاڭ، شەرقىي شىنجاڭ رايونلىرىدا بوران ئاپىتى بولدى.

شەرقىي شىنجاڭ رايونىدا: 1999 ـ يىلى سەنجاپار دېگەن جايدا 213 كۈن بورانلىق ھاۋارايى كۆرۈلدى، بوران ئاساسەن 3 ـ ئايدىن 10 ـ ئايغا مەركەزلەشتى، بولۇپمۇ 4 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىن 25 ـ كۈنىگىچە بوراننىڭ ئەڭ زور تېزلىكى سېكۇنتىغا 49 مېتىرغا يەتتى، 6 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىن 20 ـ كۈنىگىچە بوراننىڭ ئەڭ زور تېزلىكى سېكۇنتىغا 42 مېتىرغا يەتتى. بۇ 2 قېتىملىق بورانلىق ھاۋارايى شۇ يەردىكى قاتناش ـ ترانسپورتقا ناھايىتى ئېغىر زىيان سالدى. ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ نوم يېزىسىدا 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى سائەت 21 دە بورانلىق ھاۋارايى كۆرۈلۈپ، 20 سائەتكە يېقىن داۋاملاشتى، بوراننىڭ ئەڭ زور تېزلىكى 12 بالغا يەتتى. تېرىلغان قوغۇنلار شىددەتلىك بوراننىڭ ئاپىتىگە ئۇچرىدى، ئاپەتكە ئۇچرىغان يەر كۆلىمى 717.2 گېكتارغا يېتىپ، 3 مىليون 555 مىڭ 800 يۈەن بىۋاستە ئىقتىسادىي زىيان بولدى.

جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا: 4 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىن 24 ـ كۈنىگىچە كورلىدا كۈچلۈك جۇدۇن ئارىلاش پەۋقۇلئاددە قارا بوران، قۇم بورانلىق ھاۋارايى پەيدا بولدى، بوران 14 سائەت داۋاملاشتى، بوراننىڭ ئەڭ زور مومېنتلىق تېزلىكى سېكۇنتىغا 36 مېتىرغا يەتتى، بۇ، ئاز كەم 40 يىلدىن بۇيانقى ئەڭ كۈچلۈك بوران ھېسابلىنىدۇ. شەھەر بويىچە 1277.73 گېكتار يەردىكى كېۋەز ئاپەتكە ئۇچرىدى، ئاپەتكە ئايلانغان يەر كۆلىمى 955.27 گېكتارغا يەتتى. كۆكتات تېرىلغان 252 پارنىك ۋەيران بولدى، قارا يۇلغۇن يېزىسىدا ئاپەت ئەڭ ئېغىر بولدى. 4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىن 26 ـ كۈنىگىچە ئارالدا بوراندا تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەشتەك ھاۋارايى كۆرۈلدى، كېۋەزلىك ئاپەتكە ئۇچراپ، %95تىن كۆپرەك كېۋەزلىكنى قايتىدىن تېرىشقا ۋە تولۇقلاپ تېرىشقا توغرا كەلدى، ئىقتىسادىي زىيان ناھايىتى ئېغىر بولدى.

5. مۆلدۈر ئاپىتى

1999 ـ يىلى مۆلدۈر ئاپىتى شىمالىي شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمى، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ شايار ناھىيىسىگە مەركەزلەشتى. 4 ـ، 5 ـ، 6 ـ، 7 ـ، 8 ـ ئايلاردا مۆلدۈر ياغدى. 6 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى تارباغاتايدىكى قىسمەن يېزا ـ مەيدانلار مۆلدۈرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، زىرائەت مەھسۇلاتى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە كېمىيىپ كەتتى، زىيانغا ئۇچرىغان يەر كۆلىمى 1926.67 گېكتارغا يېتىپ، 3 مىليون 320 مىڭ يۈەن بىۋاستە ئىقتىسادىي زىيان بولدى. 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىن 7 ـ كۈنىگىچە شىخودا مۆلدار ياغدى، مۆلدۈرنىڭ دىئامېتىرى 29 مىللىمېتىر كېلىدۇ، مۆلدۈر ياققان رايون دائىرىسىدىكى زىرائەتلەر، ئاھالىلەرنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرى ۋە شەھەردىكى كوچا چىراغلىرى ناھايىتى ئېغىر ۋەيران بولدى. 7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئارشاڭ ناھىيىسى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە مۆلدۈرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، بىكتۇەن يېزا ئىگىلىك 5 ـ شى 88. تۇەن ـ مەيدانى 5 مىليون 792 مىڭ يۈەن زىيانغا ئۇچرىدى. 5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى شايار ناھىيىسىنىڭ تويبولدى يېزىسىدىكى جەنۇبىي تارىم كەنتى ۋە تارىم يېزىسى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە مۆلدۈرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، مۆلدۈرنىڭ دىئامېتىرى 10 مىللىمېتىر كېلىدۇ، مۆلدۈر 20 مىنۇت داۋاملاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە جەنۇبىي تارىم كەنتىدە 500 گېكتار يەردىكى كېۋەز ئاپەتكە ئۇچرىدى، 300 گېكتار يەردىكى كېۋەزدىن پەقەت ھوسۇل ئېلىنىدى، تارىم يېزىسىدا 1666.67 گېكتار يەردىكى كېۋەز، بۇغداي ئاپەتكە ئۇچرىدى. بۇنىڭ ئىچىدە 1000 گېكتار يەردىكى كېۋەز، 166.67 گېكتار يەردىكى بۇغدايدىن پەقەت ھوسۇل چىقمىدى.

لى شياۋېن

## مېتېئورولوگىيە مۇلازىمىتى

1999 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى ئاپتونوم رايوندىكى پارتىيە ـ ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى تارماقلىرىنىڭ تەدبىر بەلگىلىشى ئۈچۈن يىللىق مېتېئورولوگىيە ئەھۋالى ئانالىز قىلىنغان ۋە «نومۇر قويۇلغان مۇھىم ھاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش ئاخباراتى» قاتارلىق مۇلازىمەت ماتېرىياللىرىدىن جەمئىي 10 سان، ئەمەلىي ۋاقىت بويىچە مېتېئورولوگىيىلىك مۇلازىمەت قىلىش دوكلاتىغا دائىر 20 سان، «شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق مېتېئورولوگىيە ئۇچۇرلىرى» دىن 39 سان، «شىنجاڭنىڭ پاختىچىلىق مېتېئورولوگىيە ئاخباراتى» دىن 28 سان، «زىرائەت مەھسۇلاتلىرىنى مېتېئورولوگىيىلىك نازارەت قىلىش ـ ئۆلچەش دوكلاتى» دىن 10 سان يەتكۈزۈپ بەردى، دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى تونۇشتۇرۇش بويىچە 45 قارار مېتېئورولوگىيە تېلېۋىزىيىسى مۇلازىمىتىنى ئېلىپ باردى. ئوتتۇرامالدىن يۇقىرى ھاۋارايى جەريانى 15 قېتىم كۆرۈلدى. ئالدىن مەلۇمات بېرىشتە تولۇق، مۇكەممەل بولۇش، قىسقا مۇددەتلىك ئالدىن مەلۇمات بېرىش ئۈنۈملۈك ۋاقتىنى 36 سائەتتىن 48 سائەتكە، ئوتتۇرا مەزگىللىك ئالدىن مەلۇمات بېرىش ئۈنۈملۈك ۋاقتىنى 36 سائەتتىن 72 سائەتكە يەتكۈزۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. 1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ كىلىماتى بىر قەدەر نورمالسىز بولدى، ھاۋارايى جەريانى كۆپىيىپ، ئاپەت ئېغىر بولدى. يىلنىڭ بېشىدا مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى جەنۇبىي شىنجاڭدا ئاچقان

دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق يىللىق مېتېئورولوگىيە ئەھۋالىنى ئانالىز قىلىش - مۆلچەرلەش يىغىنىدا، 1999 - يىلى مېتېئورولوگىيىلىك ئەھۋاللار بىر قەدەر كۆپ بولىدىغان يىل ئىكەنلىكى، «تەڭرىتاغ ۋە ئالتۇنتاغدىكى تېيىز تاغلىق بەلۋاغلاردا جۇغلانما قار قېلىن بولۇپ، ئاسانلا قار ئېرىش خاراكتېرلىك كەلكۈن پەيدا بولىدۇ» قاتارلىقى، «تەڭرىتاغنىڭ ئىككى يان تەرىپى ئاساس قىلىنغان رايونلاردا ياز پەسلىدە مۆل - يېغىن ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن كۆپ بولۇپ، قارا يامغۇر كەلكۈن پەيدا بولۇش ئېھتىمالى بار» لىقى ئالدىن مۆلچەرلەندى. 4 - ئاينىڭ 22 - كۈنى كۆرۈلگەن كۈچلۈك جۇدۇنلۇق ھاۋارايى ئاپتونوم رايون تارىخىدىكى شۇ مەزگىلدىكىگە قارىغاندا ئاز كۆرۈلىدىغان بىر قېتىملىق جۇدۇنلۇق ھاۋارايى جەريانى بولدى. ش ئۇ ئا ر مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى 4 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن باشلاپ شۇ قېتىمقى ھاۋارايىنىڭ ئۆزگىرىش جەريانىنى كۆزىتىپ، 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى كۈچلۈك سوغۇق ھاۋا ئېقىمى كىرىدىغانلىقى توغرىسىدا ئالدىن مەلۇمات بەردى، 21 - كۈنى جۇدۇنلۇق ھاۋارايى توغرىسىدا تىرېۋوگا ئېلان قىلدى. ش ئۇ ئا ر مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسىدىكى ئالدىن مەلۇمات بەرگۈچى مۇتەخەسسىسلەر ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شيۆلۇ خۇيىينغا تەپسىلىي دوكلات قىلدى. شيۆلۇ خۇيىين دەرھال يىغىن چاقىرىپ ئاپەتتىن مۇداپىئە كۆرۈش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى. ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك مېتېئورولوگىيە پونكىتلىرى مۇددەتتىن ئىلگىرى ئالدىن مەلۇمات بەردى ھەمدە مۇلازىمەت قىلدى، ئۇنىڭ ئۈنۈمى خېلى ياخشى بولدى. كەلكۈن مەزگىلىدە جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭدىكى كۆپ قىسىم رايونلاردا تېمپېراتۇرا ئۆرلىگەنلىكتىن قار ئېرىپ كەلكۈن پەيدا بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قارا يامغۇر ياغدى، بايىنغولىن ئوبلاستى، شىخەنزە، ئاقسۇ، قەشقەر، ئىلى قاتارلىق جايلاردا تارىختا ئاز كۆرۈلىدىغان پەۋقۇلئاددە زور كەلكۈن پەيدا بولدى. ئاپتونوم رايون بويىچە نەچچە 10 دەريا - ئېقىنىدا سۇ ئېھتىيات مىقدارىدىن ئېشىپ كەتتى، 36 دەريا - ئېقىنىدا سۇ خەتەرلىك ئېقىن مىقدارىدىن ئېشىپ كەتتى، 25 دەريا - ئېقىنىدا كەلكۈن پەللىسىنىڭ ئېقىن مىقدارى تارىختىكى 1 - ئورۇنغا يەتتى، قاراشەھەر دەرياسى، ئىلى دەرياسى، تېكەس دەرياسى قاتارلىق 9 دەريا ئېقىنىدا 100 يىلدا بىر قېتىم كۆرۈلىدىغان كەلكۈن پەيدا بولدى، بىر قىسىم دەريا ئېقىنلىرىدا نەچچە قېتىم پەۋقۇلئاددە زور كەلكۈن پەللىسى پەيدا بولدى. 5 - ئايدا ش ئۇ ئا ر مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى «9210» ئاۋاز تورى ئارقىلىق «كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش - قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش ۋە ياز پەسلىدىكى مېتېئورولوگىيە مۇلازىمىتى» سەپەرۋەرلىك تېلېفون يىغىنى ئېچىپ، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش بويىچە مېتېئورولوگىيە مۇلازىمىتى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ 4 تۈرلۈك كاپالەتلىك تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بايىنغولىن ئوبلاستىدىكى قىسمەن جايلاردا كەلكۈن ئاپىتى بولدى، ئوبلاستلىق مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە ئالاقىدار تېخنىكا خادىملىرى 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى قاراشەھەردىكى كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش قوماندانلىق شتابىغا بېرىپ، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈشكە قوماندانلىق قىلدى، يىراق مۇساپە ئېغىزىدىن پايدىلىنىپ، ش ئۇ ئا ر مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسىنىڭ ئالاقىدار ماتېرىياللىرىنى تەڭشەپ ئىشلىتىپ، قاراشەھەر دەرياسى بىلەن سېرىقسۇ جىلغىسىدىكى كەلكۈننىڭ 21 - كۈنى سائەت 10 ئەتراپىدا قوشۇلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئالدىن توغرا مەلۇمات بەردى. شىخەنزە مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن باشلاپ ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، بارلىق خادىملاردىن كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش - كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇشنى ھەممە خىزمەتنى بېسىپ چۈشىدىغان مەركىزىي ۋەزىپە قىلىشنى تەلەپ قىلدى، دەم ئېلىشنى ئەمەلدىن قالدۇردى، ھاۋارايىغا تەسىر كۆرسىتىش ئىشخانىسى ھەر سائەتتە بىرقېتىم رادارنى ئىشقا سېلىپ، ئەتراپلىق شەكىل چۈشۈرۈپ تۇردى. شەھەرلىك مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى ھاۋارايى ئۈستىدە ھەر سائەتتە بىر قېتىم كېڭەشتى. كەلكۈن مەزگىلىدە ئىلى مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى ۋىلايەتلىك كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئىشخانىسىغا شۇ كۈنلۈك مۆل - يېغىن مىقدارى، 0°C لۇق قاتلام ئېگىزلىكى ئەھۋالىنى ھەر كۈنى مەلۇم قىلىپ تۇردى ھەمدە ھاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇمات بەردى ۋە تەكلىپ بەردى، 7 - ئاينىڭ 18 — 19 - كۈنلىرى جىلغىنىڭ شەرقىي، جەنۇبىي قىسىملىرىدىكى تاغلىق رايونلاردا زور مۆل - يېغىنلىق ھاۋارايى پەيدا قىلغان ئىلى دەرياسى زور كەلكۈنى ئۈستىدە ئىز قوغلاپ خىزمەت قىلدى. كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈشنىڭ ئاچقۇچلۇق پەيتىدە، ش ئۇ ئا ر مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى ئالدىن مەلۇمات بەرگۈچى مۇتەخەسسىسلەرنى كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ئەۋەتىپ، نەق مەيداندا مۇلازىمەت قىلدى.

2 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ش ئۇ ئا ر مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، ئەتىياز پەسلىدە مېتېئورولوگىيە مۇلازىمىتى خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، مېتېئورولوگىيە جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلىش خىزمىتىنى پاختا بىرلىك مەھسۇلاتىنىڭ ئېشىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى چوڭ ئىش قاتارىدا چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلەشنى

تەلەپ قىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتىگە «شىنجاڭنىڭ 1999 - يىللىق دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق مېتېئورولوگىيە ئەھۋالىنى ئانالىز قىلىش - مۆلچەرلەش ۋە ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا تەدبىرلىرى توغرىسىدا تەكلىپ» يوللىدى، 1999 - يىلى پاختا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ يىللىق ۋەزىيىتىنى ئانالىز قىلدى ۋە ئالدىن مۆلچەرلىدى، ئەمەلىي ئەھۋال بىلەن ئالدىن مۆلچەر بىردەك بولۇپ چىقتى. 3 - ئاي ۋە 7 - ئايدا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، كېۋەز تېرىش مەزگىلىنى مۆلچەرلەش، شىنجاڭنىڭ ياز - كۈز پەسلىدىكى ئىسسىقلىق شارائىتىنى تەھلىل قىلىش بويىچە كېڭىشىش

شىنجاڭدىكى 15 شەھەرنىڭ 1999 - يىللىق مېتېئورولوگىيىسىدىكى مۇھىم ئامىللار

| شەھەر | تۈرى / ئاي | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | يىللىق |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئۈرۈمچى | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -11.6 | -5.9 | -3 | 10.8 | 18.3 | 21.5 | 24.4 | 22.5 | 16.9 | 10.3 | -1.5 | 7 | 8 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | 2.5 | 5.8 | 13.7 | 25.3 | 31.7 | 33.1 | 36.2 | 33.8 | 28.7 | 23.7 | 12.6 | 5.4 | 36.2 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -22.8 | -17.2 | -15 | -3.7 | 7.3 | 8.8 | 14.6 | 10.2 | 3.8 | -2.2 | 12.8 | -16.5 | -22.8 |
| | ھۆل - يېغىن مىقدارى | 20 | 2.4 | 29.9 | 23.8 | 20.6 | 48.4 | 27.6 | 60.9 | 33.2 | 23.1 | 13.7 | 32.8 | 336.4 |
| | قار - يامغۇرلۇق كۈن | 11 | 7 | 18 | 7 | 8 | 13 | 17 | 12 | 9 | 8 | 10 | 12 | 132 |
| قاراماي | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -13.8 | -6.8 | -2.5 | 13.4 | 21.4 | 24.6 | 28.4 | 26.7 | 19.2 | 12.1 | -0.4 | -8.6 | 9.5 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | 0.9 | 4.8 | 12.2 | 26.4 | 34.4 | 38.1 | 39.9 | 39.2 | 31.3 | 24.7 | 14.1 | 2.2 | 39.9 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -23.9 | -18.5 | -16.9 | -1.1 | 11.4 | 10.2 | 18 | 13.9 | 8.1 | -1.1 | -13.4 | -17.5 | -23.9 |
| | ھۆل - يېغىن مىقدارى | 1.3 | 1.3 | 4.4 | 14.3 | 32.2 | 30.5 | 5.7 | 8.3 | 4.1 | 20 | 0.4 | 1.2 | 123.7 |
| | قار - يامغۇرلۇق كۈن | 8 | 4 | 14 | 10 | 17 | 14 | 16 | 16 | 14 | 11 | 6 | 13 | 143 |
| شىخەنزە | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -16.3 | -7.7 | -0.8 | 12.9 | 20.4 | 23.1 | 26 | 23.8 | 17.7 | 10.4 | -0.7 | -9.2 | 8.3 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | -1.9 | 6.6 | 16 | 28 | 34.6 | 36.3 | 38.6 | 36.1 | 31.3 | 24.5 | 11.6 | 1.7 | 38.6 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -30.2 | -23.8 | -11.5 | -1.5 | 6.4 | 8.2 | 13.3 | 10.1 | 1.5 | -2.7 | -16.1 | -23.6 | -30.2 |
| | ھۆل - يېغىن مىقدارى | 15.1 | 1.5 | 22.8 | 31.3 | 36.5 | 54 | 9.3 | 84.1 | 30.9 | 20.2 | 15.4 | 18.6 | 339.7 |
| | قار - يامغۇرلۇق كۈن | 13 | 10 | 15 | 9 | 13 | 15 | 9 | 13 | 9 | 10 | 6 | 15 | 137 |
| غۇلجا | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -8.2 | -0.7 | 3 | 12.3 | 18.4 | 20.8 | 23.4 | 23.1 | 17.7 | 11.3 | 2.1 | -1.6 | 10.1 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | 4.8 | 12 | 16 | 25.7 | 32.7 | 33.5 | 36.7 | 35.8 | 30.2 | 25.4 | 21.5 | 10.3 | 36.7 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -25.3 | -22.1 | -6.8 | -4.1 | 5.9 | 6.2 | 12.6 | 10.2 | 2.6 | -0.6 | -8.6 | -17.8 | -25.3 |
| | ھۆل - يېغىن مىقدارى | 18.9 | 10.8 | 19.4 | 18.1 | 50.7 | 20 | 11 | 27.3 | 28.1 | 30.5 | 11.9 | 23.2 | 269.9 |
| | قار - يامغۇرلۇق كۈن | 11 | 3 | 16 | 12 | 10 | 15 | 13 | 12 | 9 | 8 | 8 | 7 | 124 |

| | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 8.2 | -4.9 | -0.4 | 10.2 | 16.4 | 23.6 | 24.2 | 20.5 | 17.9 | 9.6 | -5.5 | -2.9 | -10.2 | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | چۆچەك |
| 37.8 | 8.1 | 18.4 | 25.5 | 29.7 | 37.8 | 35.6 | 34.3 | 33.1 | 23.2 | 7.9 | 8.3 | 2.2 | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | |
| -24 | -19 | -15.1 | -1.5 | 2.2 | 8.5 | 10.2 | 4.8 | 6.8 | -5 | -22.9 | -16.5 | -24 | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | |
| 224.5 | 9.5 | 24.2 | 17.8 | 6.9 | 4.8 | 16.9 | 37.7 | 8.8 | 42.9 | 19.9 | 15.1 | 20 | ھۆل - يېغىن مىقدارى | |
| 137 | 10 | 13 | 10 | 14 | 8 | 12 | 13 | 14 | 12 | 15 | 6 | 10 | قار - يامغۇرلۇق كۈن | |
| 5.2 | -10.4 | -3 | 8.1 | 13.7 | 21.2 | 23.2 | 20 | 17.7 | 7.6 | -10.8 | -8.9 | -15.6 | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | ئالتاي |
| 36 | 1.1 | 13.3 | 20.8 | 27.9 | 34.1 | 36 | 34.1 | 30.4 | 21.4 | 4.4 | 5 | -1.5 | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | |
| -30.8 | -20.5 | -20.3 | -4 | 0.8 | 5.2 | 9.4 | 4.3 | 2.1 | -11.5 | -30.8 | -25.2 | -28.4 | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | |
| 156 | 9.7 | 15.4 | 21.2 | 12.9 | 9.4 | 10.8 | 12.3 | 15.7 | 7.7 | 21.8 | 7.6 | 11.5 | ھۆل - يېغىن مىقدارى | |
| 124 | 7 | 8 | 11 | 15 | 10 | 8 | 9 | 12 | 10 | 13 | 5 | 16 | قار - يامغۇرلۇق كۈن | |
| 7.5 | -10 | -1.4 | 10.4 | 16.4 | 23.1 | 24.4 | 21.6 | 18.8 | 11.4 | -2.2 | -7.3 | -15.3 | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | بورتالا |
| 37.8 | 0.7 | 11.3 | 23.3 | 30.7 | 37.8 | 36.5 | 35.6 | 33.3 | 25.6 | 12 | 6.6 | -0.9 | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | |
| -27.5 | -19.8 | -18 | -1.2 | 4.3 | 10.3 | 11.8 | 6.5 | 6.8 | -2.9 | -13.1 | -22.5 | -27.5 | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | |
| 223.6 | 7.4 | 7.8 | 14.7 | 26.9 | 14.7 | 15.3 | 61.6 | 51.1 | 11 | 0.7 | 11.4 | 1 | ھۆل - يېغىن مىقدارى | |
| 149 | 15 | 10 | 9 | 13 | 9 | 15 | 15 | 13 | 11 | 14 | 10 | 15 | قار - يامغۇرلۇق كۈن | |
| 9.1 | -8.3 | -0.8 | 11.5 | 18.5 | 24.5 | 26.4 | 23.6 | 20.5 | 13 | -0.8 | -5.8 | -13 | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | سانجى |
| 38.9 | 2.3 | 10.8 | 25 | 32 | 37.1 | 38.9 | 36.7 | 35 | 27.4 | 15.2 | 5.4 | -2.1 | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | |
| -21.5 | -18.4 | -11.9 | 0.3 | 5.7 | 12.2 | 16.7 | 11.2 | 10 | -2.4 | -12.1 | -16.5 | -21.5 | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | |
| 291.3 | 29.2 | 11.9 | 13.9 | 22.9 | 58.7 | 35.5 | 43.2 | 15.3 | 23.4 | 20.8 | 0.6 | 15.9 | ھۆل - يېغىن مىقدارى | |
| 139 | 17 | 7 | 7 | 11 | 12 | 17 | 11 | 10 | 9 | 14 | 11 | 13 | قار - يامغۇرلۇق كۈن | |
| 15.7 | -3.6 | 4.7 | 15.7 | 24.5 | 30.9 | 33.2 | 30.3 | 27 | 20 | 8.2 | 2.6 | -4.7 | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | تۇرپان |
| 46.2 | 7.2 | 18.3 | 29 | 38.9 | 46.2 | 45.5 | 44.7 | 41 | 32.9 | 19.6 | 16.5 | 4.8 | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | |
| -12 | -10.7 | -5 | 3.4 | 10.8 | 19 | 21.6 | 17.7 | 16.3 | 4.9 | -0.3 | -8.4 | -12 | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | |
| 9.9 | 2 | 0.9 | 0.4 | 0.1 | 2.5 | 0.1 | 2.4 | 1.2 | | | | 0.3 | ھۆل - يېغىن مىقدارى | |
| 58 | 13 | 1 | 4 | 5 | 8 | 10 | 9 | 5 | | | | 3 | قار - يامغۇرلۇق كۈن | |

| | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 10.8 | -7.2 | 0.5 | 10.6 | 18.5 | 25.3 | 28.1 | 25.2 | 20.9 | 14.3 | 3.3 | -1.5 | -8.5 | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | قۇمۇل |
| 42 | 2.6 | 15.1 | 26.4 | 37.5 | 42 | 41.9 | 39.1 | 36.3 | 31 | 16.8 | 13 | 3.5 | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | |
| -19.1 | -17.5 | -12.2 | -3.6 | 3 | 10.7 | 12 | 11.1 | 8.1 | -5 | -7.1 | -16.1 | -19.1 | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | |
| 36.4 | 3.4 | 3.5 | 0.5 | 0.5 | 3.2 | 12.1 | 3.9 | 8.3 | 0.1 | 0 | | 0.9 | ھۆل - يېغىن مىقدارى | |
| 57 | 1 | 1 | 5 | 7 | 7 | 7 | 8 | 13 | 2 | 2 | | 4 | قار - يامغۇرلۇق كۈن | |
| 12.6 | -3.9 | 2.7 | 12.3 | 21.2 | 25.7 | 26.9 | 26 | 21.9 | 15.9 | 6.7 | 1.2 | -5.7 | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | كورلا |
| 38.7 | 4.7 | 14 | 25 | 32.8 | 38.7 | 38.5 | 38.2 | 34.4 | 29 | 19.2 | 12.8 | 5.3 | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | |
| -13.6 | -12.9 | -5.5 | -2.4 | 6.3 | 13.5 | 13.1 | 12.6 | 7.9 | 0.7 | -3.5 | -11.6 | -13.6 | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | |
| 30.5 | 0.6 | 0 | 0.9 | 3 | 12.6 | 3 | 8.9 | 0.3 | 0.8 | 0 | | 0.4 | ھۆل - يېغىن مىقدارى | |
| 80 | 2 | 3 | 4 | 9 | 11 | 18 | 9 | 6 | 5 | 1 | | 12 | قار - يامغۇرلۇق كۈن | |
| 11.3 | -3.7 | 3 | 11.8 | 18.7 | 23.4 | 23.9 | 22.8 | 20.2 | 14.7 | 6.6 | 0 | -5.9 | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | ئاقسۇ |
| 36.8 | 6.3 | 14.2 | 24.5 | 31.9 | 35.6 | 36.8 | 36 | 32.9 | 27.5 | 18.7 | 12.5 | 6.2 | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | |
| -14.7 | -11.2 | -5 | -0.8 | 7.2 | 9.5 | 14.6 | 8.3 | 7 | 0.2 | -3.2 | -10.5 | -14.7 | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | |
| 73.1 | | 0 | 0.5 | 15.8 | 15.2 | 19.5 | 13.2 | 1.4 | 6.7 | 0 | 0 | 0.8 | ھۆل - يېغىن مىقدارى | |
| 72 | | 2 | 4 | 6 | 10 | 16 | 9 | 10 | 5 | 1 | 2 | 7 | قار - يامغۇرلۇق كۈن | |
| 13.9 | -1.4 | 5 | 14.7 | 22.9 | 27.1 | 25.9 | 25.8 | 22.1 | 15.7 | 9.6 | 2.2 | -3.3 | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | ئاتۇش |
| 37.8 | 18.1 | 15 | 26.1 | 33.9 | 37.8 | 36.8 | 37 | 33.4 | 28.2 | 19.6 | 12.1 | 12.6 | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | |
| -11.1 | -9 | -5.3 | 3.4 | 13.3 | 12.3 | 14.7 | 12.9 | 10.4 | 2.9 | -1.8 | -8.9 | -11.1 | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | |
| 33 | | 0 | 7.7 | 3.1 | 0 | 13.5 | 2 | 1.3 | 4.8 | 0.3 | | 0.3 | ھۆل - يېغىن مىقدارى | |
| 91 | | 4 | 6 | 6 | 9 | 23 | 15 | 9 | 7 | 3 | | 9 | قار - يامغۇرلۇق كۈن | |
| 13 | -1 | 4.5 | 13.8 | 21.5 | 25.1 | 25.1 | 24 | 20.6 | 14.7 | 9 | 1.8 | -3.1 | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | قەشقەر |
| 35.9 | 18.6 | 16 | 25.1 | 32.6 | 35.9 | 35.7 | 35.6 | 32.6 | 27.5 | 19.9 | 12.7 | 13.4 | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | |
| -11.5 | -9.9 | -5.2 | 0.7 | 10.1 | 12.6 | 14.4 | 11 | 8.5 | 1.5 | -2.9 | -9.2 | -11.5 | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | |
| 20.4 | | 0 | 1.6 | 0.1 | 0.2 | 6.3 | 1.6 | 3 | 6.5 | 0.8 | | 0.3 | ھۆل - يېغىن مىقدارى | |
| 89 | | 1 | 7 | 7 | 12 | 20 | 13 | 10 | 5 | 4 | | 10 | قار - يامغۇرلۇق كۈن | |

| | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| تۇرپان | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -3.1 | 3.1 | 10.3 | 16.2 | 22.1 | 25.3 | 25.2 | 25.3 | 22.6 | 14.2 | 4.9 | -0.3 | 13.8 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | 8.5 | 13.9 | 23.2 | 29.7 | 33.5 | 36.4 | 37.9 | 38 | 33.3 | 25 | 15 | 18.3 | 38 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -12.2 | -7.4 | 0.5 | 1.6 | 9.5 | 14 | 15.9 | 13.5 | 12.1 | 1.6 | -5.6 | -9.6 | -12.2 |
| | ھۆل - يېغىن مىقدارى | 2.3 | | 0.2 | 3.7 | 0 | 0 | 6.8 | 19.3 | 0 | 0 | | | 32.3 |
| | قار - يامغۇرلۇق كۈن | 7 | | 3 | 3 | 2 | 4 | 14 | 3 | 2 | 1 | | | 39 |

جالڭ جىپىڭ

يىغىنى ئېچىپ، يۇقىرىغا كىلىمات بايلىقىنىڭ سېلىشتۇرما ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇپ، پاختىچىلىق كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يولغا قويۇشقا دائىر تېخنىكىلىق دوكلات يوللاپ، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىگە ئەقىل ۋە تەدبىر كۆرسەتتى. شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە رادىئو ئىستانسىسى 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگىچە ھەر كۈنى 12 سائەت ۋە 17 سائەت (خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە) ھاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇمات بەردى. چارۋىلارنى يايلاققا كۆچۈرۈش، كېۋەز تېرىش مەزگىلىدىكى مۇلازىمەت ئىشلىرىنى ياخشى ئىشلىدى. جايلار يەنە ئۆزگىچە ئىقتىسادىي يېزا ئىگىلىك مۇلازىمەت تۈرلىرىنى، مەسىلەن، قۇمۇل رايونىدا چوڭ چىلان، بورتالا ئوبلاستىدا ئالقات، ئالتاي ۋە شىخەنزىدە ئاپتاپپەرەس، خوتەندە ياڭاق، قەشقەردە ئانار، بايىنغولىن ئوبلاستىدا پەمىدۇر ۋە نەشپۈت، تۇرپاندا ئۈزۈم قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى ئۆستۈرۈشكە دائىر مەخسۇس مۇلازىمەت ئىشلىرىنى قانات يايدۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يېزا ئىگىلىك مېتېئورولوگىيىسىدە ئەمەلىي تەتقىقات، يېزا ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش، يېزا ئىگىلىكىدە سۇنى تېجەش، پەن - تېخنىكا ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش قاتارلىق تۈرلەرنى قانات يايدۇرۇش، تەجرىبە قىلىش، كېڭەيتىش خىزمىتىنى كۈچەيتتى، 60 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ پەن - تېخنىكا ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش تۈرىگە ئىشلەتتى. 1999 - يىلى ئىلى، بورتالا ئوبلاستى، تارباغاتاي ۋىلايىتى ۋە كۈيتۈڭ - ماناس ۋادىسىدا مۆلدۈرلۈك ھاۋارايى كۆپ قېتىم كۆرۈلدى، سۈنئىي تەسىر كۆرسىتىش تارماقلىرى مۇشۇ بىر يىلدا مۆلدۈردىن سۈنئىي مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن 87 كۈندىن كۆپرەك مەشغۇلات ئېلىپ باردى، 82 مىڭ 50 پاي ئوق، 295 پاي راكېتا ئوقى ئىشلەتتى، يامغۇرنى سۈنئىي كۆپەيتىش ئۈچۈن 47 كۈن مەشغۇلات ئېلىپ باردى، 35 پاي راكېتا ئوقى، 3590 پاي يامغۇر ياغدۇرۇش ئوقى ئاتتى.

جۇ يۈنپىڭ

## مېتېئورولوگىيە ئاساسىي كەسپى

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىنىڭ يەر ئۈستىدىن ئۆلچەپ بەرگەن مەلۇماتلىرىنىڭ خاتالىق نىسبىتى 0.5‰ بولۇپ، 1998 - يىلقى سەۋىيىنى ساقلاپ قالدى. 18 قېتىم ئېغىر خاتالىق (7 قېتىم يالغان خاتىرىلەش ۋەقەسى كۆرۈلۈپ، 1998 - يىلدىكىگە قارىغاندا 6 قېتىم كۆپەيدى) كۆرۈلۈپ، 1998 - يىلدىكىگە قارىغاندا 2 قېتىم كۆپەيدى. قۇياش رادىئاتسىيىسىنى ئۆلچەش مەلۇماتىنىڭ خاتالىق نىسبىتى 0.07‰ بولۇپ، 0.09‰ ئازايدى، يۇقىرى ھاۋا بوشلۇقىدا تەكشۈرۈش سۈپىتىنىڭ 6 خىل كۆرسەتكۈچى داۋاملىق ئۆلچەمگە يەتتى. ئاگرو كىلىماتنى ئۆلچەش مەلۇماتىنىڭ خاتالىق نىسبىتى ‰2> بولدى، مېتېئورولوگىيىگە دائىر سانلىق مەلۇماتلارنى مەملىكەت ئىچىگە يەتكۈزۈشنىڭ ۋاقتىدا بولۇش نىسبىتى %100كە يەتتى، مەلۇماتتا يېتەرسىزلىك كۆرۈلمىدى، يەر شارى بويىچە سانلىق مەلۇماتلارنى ئۆز ۋاقتىدا ئالماشتۇرۇش نىسبىتى %100كە يەتتى، مەلۇماتتا يېتەرسىزلىك كۆرۈلمىدى؛ NOAA قۇتۇبلۇق ئوربىتا مېتېئورولوگىيە سۈنئىي ھەمراھ ماتېرىياللىرىنى يىللىق قوبۇل قىلىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى %99.7كە يەتتى؛ «بوران - چاپقۇن — 1» (02) قۇتۇبلۇق ئوربىتا مېتېئورولوگىيە سۈنئىي ھەمراھ ماتېرىياللىرىنى يىللىق قوبۇل قىلىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى %99.9كە يەتتى، «بوران - چاپقۇن —2» تۇرغۇن مېتېئورولوگىيە سۈنئىي ھەمراھ ماتېرىياللىرىنى يىللىق قوبۇل قىلىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى %99.3كە يەتتى؛ يەر ئۈستىدىن ئۆلچەپ مەلۇمات بېرىشتە 250 ئىسمىنا ئىشلەپ خاتالىق سادىر قىلمىغانلار 2 ئادەم (قېتىم)، 100 ئىسمىنا ئىشلەپ خاتالىق سادىر قىلمىغانلار 195 ئادەم (قېتىم) بولدى. يۇقىرى ھاۋا بوشلۇقىدا تەكشۈرۈپ ئۆلچەشتە 100 ئىسمىنا ئىشلەپ خاتالىق سادىر قىلمىغانلار 33 ئادەم (قېتىم) بولدى، 6 كىشىگە

مەملىكەت بويىچە «مۇنەۋۋەر نۆۋەتچى مەلۇماتچى خادىم» دېگەن نام بېرىلدى. ئالدىن مەلۇمات بېرىش سۈپىتى جۇڭگو مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىنىڭ ئەلا سۈپەتلىك ئۆلچىمىگە يەتتى. شۇ يىلى يەتتە قۇدۇق، ئەندىر دەرياسى مېتېئورولوگىيە پونكىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، سەنجاپار ئۆي، تارىم مەركىزى مېتېئورولوگىيە پونكىتى يېڭىدىن قۇرۇلدى ھەمدە 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. شىنجاڭدىكى مېتېئورولوگىيە ئىستانسا - پونكىتلىرى ئەسلىدىكى 105 تىن 103 كە تەڭشەلدى.

جۇ يۈنپىڭ

## يەرلىك مېتېئورولوگىيە كەسپى ۋە كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «مېتېئورولوگىيە كەسپىنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى قارارى» تارقىتىلغاندىن كېيىن، 11 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردە مېتېئورولوگىيە خىزمىتى يىغىنى ئېچىلىپ، مېتېئورولوگىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىش تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. پاختىچىلىق بويىچە 7 كەسپىي ئىستانسا ئاساسىي جەھەتتىن پۈتتى؛ يەكەن، ئۈلانئۇس، شەرقىي كەنتتىن ئىبارەت 3 يېزا ئىگىلىك مېتېئورولوگىيە تەجرىبە پونكىتىنىڭ مۇھىتىنى ئۆزگەرتىش ۋە ئىقتىدار قۇرۇلۇشىنىڭ كۆپ قىسمى تاماملاندى. 1998 - يىلى پاختىچىلىق قۇرۇلۇش پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن 3 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغنىڭ ھەممىسى نەقلەشتۈرۈلدى، 7 مىليون 463 مىڭ يۈەن (سۇنئىي تەسىر كۆرسىتىش خىراجىتى بۇنىڭ سىرتىدا) مېتېئورولوگىيە كەسپىي خىراجىتى ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيەلەرنىڭ يەرلىك مالىيە خام چوتىغا كىرگۈزۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ 3 مىليون 700 مىڭ يۈەن، ۋىلايەت، شەھەر دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ 2 مىليون 536 مىڭ يۈەن، ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ 1 مىليون 227 مىڭ يۈەن. ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيەلەردىكى ھۆكۈمەتلەر مېتېئورولوگىيە تارماقلىرىدىكى 27 ئورۇنغا يەرلىكتىن بېرىلىدىغان قوشۇمچە ياردەم پۇلىنى ھەل قىلىپ بەردى.

جۇڭگو مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىنىڭ «ئىش ئورنىنى تەسىس قىلىش پىكرى»گە ئاساسەن، دەسلەپكى قەدەمدە شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە تارماقلىرىدىكى ئاساسىي مېتېئورولوگىيە سىستېمىسىنىڭ شتات لايىھىسى بېكىتىلدى، 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئەمەلىي تارقاقلاشتۇرۇلغان خادىملار تارقاقلاشتۇرۇشقا ئېگىشلىك خادىملارنىڭ %85.3 ىگە يەتتى. ناھىيە دەرىجىلىك كەسپىي ئورۇنلارنىڭ كەسپىي خىراجەت ياردەم پۇلى خام چوتى ئىسلاھ قىلىندى. 3 چوڭ سىستېما ئاساسىي مېتېئورولوگىيە سىستېمىسى، پەن - تېخنىكا مۇلازىمىتى، پەن - تېخنىكا كەسپى بويىچە ھەرىكەت مېخانىزمىغا ئاساسەن تەقسىم قىلىنىپ، ئاساسلىق كەسپىي سىستېمىلارنىڭ ھەرىكىتىگە ئاساسىي سىستېمىلاردىكى خادىملارنىڭ ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىملارنىڭ خىراجىتىگە ئىمكانقەدەر كاپالەتلىك قىلىندى. ئىلىم - پەن، مائارىپ ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇش سېلىنمىسى ئاشۇرۇلدى، جاپالىق جايلاردىكى ئىستانسا - پونكىتلارغا ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 3 ۋىلايەت، ئوبلاستقا داۋاملىق ئېتىبار بېرىلدى، 2 - ۋە 3 - بۆلەكلەرگە مالىيە كۈچى جەھەتتىن ياردەم بېرىلدى، يىلمۇ يىل تەكشۈرۈپ كېمەيتىلدى. خىراجەت «ئۆچنى بېكىتىش» پىلانىدىكى ئادەم سانىغا قاراپ %110 بويىچە تەكشۈرۈپ ئاجرىتىپ بېرىلدى؛ 2 ـ، 3 - بۆلەكتىكى خادىملارنىڭ خىراجىتى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 3 ۋىلايەت، ئوبلاستتا %10 كېمەيتىلدى، باشقا ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا %50، ئۈرۈمچى رايونىدا %65 كېمەيتىلدى؛ 1 - خىلدىن 3 - خىلغىچە بولغان جاپالىق پونكىتلاردا «ئۆچنى بېكىتىش» پىلانىدىكى ساندىن ئېشىپ كەتكەن خادىملارنىڭ راسخوتى ۋاقىتىنچە كېمەيتىلمىدى، 4 - خىلدىن 6 - خىلغىچە بولغان جاپالىق پونكىتلاردا «ئۆچنى بېكىتىش» پىلانىدىكى ساندىن ئېشىپ كەتكەن خادىملارنىڭ خىراجىتى %15 كېمەيتىلدى، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىملارنىڭ خىراجىتىگە تولۇق كاپالەتلىك قىلىندى. «شىنجاڭنىڭ گۈلدۈرمامىدىن مۇداپىئە كۆرۈش قۇرۇلۇشىنىڭ كەسپىي لايىھىسى، قۇرۇلۇش بايلىقىنى باشقۇرۇش چارىسى» تۈزۈپ تارقىتىلدى، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى 14 چاقىرغۇ ئىستانسىسىنىڭ مېتېئورولوگىيىلىك مەلۇمات بېرىش ئەھۋالى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىندى ۋە ئۇلارنىڭ قانۇنني ئىجرا قىلىش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى. مېتېئورولوگىيە ئۈچۈرى بويىچە پەن - تېخنىكا مۇلازىمىتى بىلەن كەسپىي تۈرلەردىن ئاساسلىقى كومپيۇتېر بويىچە تەربىيىلەش، چاقماق قايتۇرغۇچنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەش، يەرلەرنى ئېچىش، ئىستانسا - پونكىتلارنىڭ ھويلا - ئارام ئىگىلىكى، سۈپەتلىك ئۆزۈم يېتىشتۈرۈش ۋە ساياھەت مۇلازىمىتى، 121 تېلېفون قاتارلىقلار يېڭىدىن كۆپەيتىلدى. مۇشۇ يىلدا پەن - تېخنىكا مۇلازىمىتى كىرىمى بىلەن كەسپىي ساپ كىرىم 1998 - يىلدىكىدىن %15.8 ئېشىپ، كەسپىي خىراجەتنىڭ كەم قالغان قىسمى تولۇقلاندى.

جۇ يۈنپىڭ

## مېتېئورولوگىيە پەن تەتقىقات نەتىجىلىرى

شىنجاڭدا ئۆلكە دەرىجىلىك مېتېئورولوگىيە ئۈچۈر تورى

**قۇرۇلدى** بۇنى شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىنىڭ مېتېئورولوگىيە مەركىزى تاماملىدى. 1999 - يىل 3 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ش ئۇ ئا ر مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى ئۇيۇشتۇرغان باھالاشتىن ئۆتتى. بۇ ئۇچۇر تورىدا ئىلغار 100Mbps تېز سۈرئەتلىك چوڭ تورلۇق كوممۇتاتوردىن پايدىلىنىپ، ھەرخىل كىرىش - چىقىش ئېغىزىدىكى سانلىق مەلۇماتلارنى پاراللېل بىر تەرەپ قىلىش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، پروتوكول تورنىڭ سۈرئىتى ھەسسىلەپ ئۆستۈرۈلگەن؛ ئاساسلىق فول تورغا 9210 تور، رايون، ئىدارە، ئورگان تورى، سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق يىراقتىن سىزىش تورى، ئالدىن مەلۇمات بېرىش تورى، ئالاقە تورى، ماتېرىيال تورى، پەن تەتقىقات تورى، سۈنئىي تەسىر كۆرسىتىش تورى، كەسپىي مەركىزى ئىشخانا تورى ھەمدە سىرتقى مۇلازىمەت تورى ئۇلاشتۇرۇلغان؛ تور سىستېمىسىنى باشقۇرۇش جەھەتتە 3 دەرىجىلىك تور باشقۇرۇش قۇرۇلمىسى ئورنىتىلغان؛ ئۇ SMARTAGENT ۋاكالەتەن باشقۇرۇش، SNMP غا ماس كېلىدىغان HPOPENV I EW ئۇچۇق ئىش تاختىسىنى باشقۇرۇش، Transcend يىغىنچاقلاشتۇرۇلغان تورنىڭ قاتتىق دېتاللىرىنى تولۇق تىزگىنلەپ باشقۇرۇش قۇرۇلمىسىدىن ئىبارەت. بۇنىڭدا ئۆلكە دەرىجىلىك مېتېئورولوگىيە ئۇچۇر تورىنى باشقۇرۇش، مېتېئورولوگىيە ئۇچۇر تورىنى ئەقلىي قابىلىيەتكە ئىگە قىلىش ۋە ئۆتتىن مۇداپىئەلىنىدىغان تام تېخنىكىسىنى قوللىنىش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، خېرىدارلارنىڭ تورلاردىن پايدىلىنىشىغا زور دەرىجىدە قولايلىق يارىتىپ بېرىلگەن.

**شىنجاڭنىڭ مېتېئورولوگىيىسىنى تورلاشتۇرۇش ئۈستىدە تەتقىقات** بۇنى شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىنىڭ مېتېئورولوگىيە كەسپىي مەركىزى تاماملىدى. 1999 - يىل 8 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ش ئۇ ئا ر مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى ئۇيۇشتۇرغان باھالاشتىن ئۆتتى. بۇ تېمىدا ش ئۇ ئا ر مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىنىڭ ئۇچۇر تورى بىلەن ۋىلايەت، شەھەرلىك مېتېئورولوگىيە ئىدارىلىرىنىڭ ئۇچۇر تورى ئۇلاشتۇرۇلغان. ئاپتونوم رايونلۇق، ۋىلايەتلىك مېتېئورولوگىيە ئىدارىلىرىدا ئۆز ئالدىغا Web مۇلازىمەت ئاپپاراتى ئورنىتىلىپ، بىر گورۇپپا ھۆججەت نامى قائىدىسى تۈزۈپ چىقىلغان ھەمدە مۇشۇ گورۇپپا قائىدىسىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىشلىتىلىش تەرتىپى - بايلىق ئورنىنى بېكىتىش تەرتىپى لايىھىلىنىپ، ئۇچۇر مەنبەلىرىنىڭ پائال، ئەركىن يۈرۈشۈپ تۇرۇشى ئۈچۈن ئاساس سېلىنغان. جۇڭگو مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىنىڭ يۇلتۇز شەكىللىك سۈنئىي ھەمراھ سانلىق مەلۇمات ئالاقە تورىنىڭ ياردىمى بىلەن، ئۇچۇر ئالماشتۇرۇلۇپ، شىنجاڭنىڭ ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلگەن مېتېئورولوگىيە تورىدىكى بارلىق Web مۇلازىمەت ئۆسكۈنىسىدىكى ئۇچۇر مەنبەسىنى ئۆز ۋاقتىدا تەڭ قەدەمدە يېڭىلاپ تۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلغان، شىنجاڭنىڭ مېتېئورولوگىيە مەلۇماتىنىڭ ئاساسلىق بەتلىرىنى لايىھىلەش ئىشى تاماملىنىپ، ش ئۇ ئا ر مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى تەمىنلىگەن تورىدىكى ئۇچۇر مەنبەسىنى بىر - بىرلەپ كۆرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلغان، ئۇچۇرلارنى قەغەزسىز يوللاشتۇرۇش ئىشى قىسمەن ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك مېتېئورولوگىيە ئىدارىلىرىنىڭ يېتەكلەش يولى بىلەن تورغا كىرگۈزۈلگەن ئاساسلىق بەتلىرىدىكى ئۇچۇر مەنبەلىرىنى ۋاراقلاپ كۆرۈش ئىمكانىيىتى تۇغۇلغان. بۇ تېمىدا ئالدى بىلەن مەملىكەت ئىچىدىكى مېتېئورولوگىيە تارماقلىرى پايدىلىنىۋاتقان جۇڭگو مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىنىڭ يۇلتۇز شەكىللىك سۈنئىي ھەمراھ سانلىق مەلۇمات ئالاقە تورى Internet شەكلى ئارقىلىق ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) ، ۋىلايەتتىن ئىبارەت 2 دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ مېتېئورولوگىيە ئۇچۇر تورلىرىنى ئۆز ئارا ئۇلاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلغان.

**پاختا - چىگىت شىركىتىنىڭ ئىش باشقۇرۇش سىستېمىسى** بۇنى شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىنىڭ مېتېئورولوگىيە كەسپىي مەركىزى تاماملىدى. 1999 - يىل 1 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ش ئۇ ئا ر مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى ئۇيۇشتۇرغان باھالاشتىن ئۆتتى. بۇ تېمىدا زامانىۋى تور ئالاقە تېخنىكىسى ۋە ئۇچۇر باشقۇرۇش تېخنىكىسىنى قوللىنىپ، ناھىيە دەرىجىلىك پاختا - چىگىت شىركەتلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال كەسپلەرنى باشقۇرۇش ئېھتىياجىغا بىرلەشتۈرۈپ، تەدبىر بەلگىلەش، باشقۇرۇش، مەشغۇلات قاتلىمىدىكى خادىملارنىڭ ئىش بېجىرىش كەسپى بويىچە باشقۇرۇش سىستېمىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە يۈزلىنىپ، قول بىلەن ئىشلەش ئاساس قىلىنغان ئەنئەنىۋى ئىش تەرتىپى ۋە خىزمەت ئۇسۇلى ئۆزگەرتىلگەن، خىزمەت ئۈنۈمى ۋە سۈپىتى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈلگەن. بۇ سىستېما قاتتىق دېتاللىق ئىش تاختىسى ۋە يۇمشاق دېتال سىستېما قۇرۇلمىسى جەھەتتە خېلى كۈچلۈك ئىلمىيلىككە، تۇراقلىقلىققا ۋە بىخەتەرلىككە ھەمدە كېڭەيتىش خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، بىر يۈرۈش پىشىپ يېتىلگەن مەھسۇلات ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى خېلى زور. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇ ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ ھوقۇق دائىرىسىنى قاتتىق باشقۇرالايدىغان، سانلىق مەلۇماتلارنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ياخشى ساقلىيالايدىغان قىلىپ لايىھىلەنگەن. بۇ سىستېمىدا 90 - يىللاردا ئومۇملاشقان «ئىش ئاقمىسى» تەرتىپىنى لايىھىلەش ئۇسۇلى، پاختا - چىگىت شىركىتىنىڭ ئاپتوماتىك ئىش بېجىرىش ۋە باشقۇرۇش ئۇچۇرى

سىستېمىسىدا قوللىنىلىپ، ئىش بېجىرىش ۋە باشقۇرۇش ئەقلىي ئىقتىدارلاشتۇرۇلغان. بۇنىڭ بىلەن پاختا - چىگە شىركىتىنىڭ ئىش بېجىرىش - باشقۇرۇش سەۋىيىسى ISO9000 ئۆلچىمىگە يەتكۈزۈلگەن.

«121» ئاپتوماتىك مەسلىھەت بېرىش سىستېمىسى ۋە كۆپ تىللىق تاۋۇشلارنى بىرىكتۈرۈش سىستېمىسى بۇنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى تاماملىغان. 1999 - يىل 2 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ش ئۇ ئا ر مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى ئۇيۇشتۇرغان باھالاشتىن ئۆتتى. بۇ سىستېمىدا ++C بىلەن DELPHI تىل بۆلىكى تەرتىپىنى قوللىنىپ، WINDOWS95 ئىش ئاختىمىنىڭ كۆپ ۋەزىپىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، موڭغۇلچە، قازاقچىدىن ئىبارەت ئوخشاش بولمىغان تىل سىستېمىلىرىنىڭ گرامماتىكىسىنى ئاپتوماتىك ئانالىز قىلىپ ۋە تاۋۇشلارنى بىرىكتۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلغان. مەسلىھەت بېرىشتە تاۋۇشلارنى بىرىكتۈرۈش جەريانىدا، بۇ سىستېما ئارقىلىق سىگنال ساندۇقىدىكى مەزمۇنلارنى ئۈزۈلدۈرمەي بېكىتىلىپ تۇرغىلى بولىدۇ، ئۇ خاتالىقلارنى ئاپتوماتىك چىقىرىۋېتىش، ئەر - ئاياللارنىڭ ئاۋازىنى تاللاش، تىل سۈرئىتىنى تاللاش قاتارلىق كۆپ خىل ئىقتىدارغا ئىگە، بۇ سىستېما مۇقىم، ئىشەنچلىك، قوللىنىشچانلىقى كۈچلۈك بولۇپ، تۇرپان قاتارلىق 10 ۋىلايەت، ئوبلاستتا كېڭەيتىپ قوللىنىلدى. بۇ سىستېما شىنجاڭدىكى «121» ھاۋارايىدىن ئاپتوماتىك مەسلىھەت بېرىش جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇردى، ئۇنىڭدا ئەمەلىي ۋاقىتنى كونترول قىلىش، ئالاقە سىگناللىرىنى ئانالىز قىلىش، كۆپ چۈشقىلىق كۆچەيتىش سىمى ئارقىلىق ۋاقىت سوراشنى بىر تەرەپ قىلىش جەھەتتە خېلى يېڭىلىق يارىتىلغان.

ئىسسىقلىق بايلىقىنىڭ شىنجاڭدىكى پاختىچىلىق رايونلىرىنىڭ پاختا مەھسۇلاتىغا بولغان تەسىرىنى ستاتىستىكىلىق ئانالىز قىلىش ۋە ئۇنىڭ تەدبىرى ئۈستىدە تەتقىقات بۇنى شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە پەن تەتقىقات ئورنى ئورۇندىغان. 1999 - يىل 12 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ش ئۇ ئا ر مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى ئۇيۇشتۇرغان باھالاشتىن ئۆتتى. بۇ تېمىدا ئوخشاش بولمىغان ھەرخىل ۋاقىت بۆلىكىدىكى 3 خىل سوتكىلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا تىپى (كۈنلۈك ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا، سوتكىلىق ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا، سوتكىلىق ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا) ماتېرىياللىرى قوللىنىلغان ھەمدە بۇ 3 خىل ئىسسىقلىق ئامىللىرىغا دائىر تەپسىلىي ئارىلىق ماتېرىياللىرىنىڭ پاختا مەھسۇلاتى بىلەن بولغان ستاتىستىكا مۇناسىۋىتى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلىپ، شىنجاڭنىڭ پاختا مەھسۇلاتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىسسىقلىق ئامىلى كۆرسەتكۈچى سەرخىللاشتۇرۇلۇپ، سوتكىلىق ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا بىلەن ئۇنىڭ كۆرسەتكۈچى ئىسسىقلىق شارائىتىنىڭ پاختا مەھسۇلاتىغا بولغان تەسىرىگە باھا بېرىشنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرسەتكۈچى ھېسابلىنىدۇ دېگەن خۇلاسە چىقىرىلغان، كىلىمات تۈپەيلىدىن مەھسۇلات ئېغىر دەرىجىدە كېمىيىپ كەتكەن يىللاردىكى ئىسسىقلىق ئامىللىرىنىڭ خۇسۇسىيىتى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، نۇقتىلىق پاختىچىلىق رايونلىرىدىكى ئىسسىقلىق بايلىقىنىڭ يىللار ئارا ئۆزگىرىش خۇسۇسىيىتى ئېچىپ بېرىلگەن، كېيىنكى ئوتتۇز يىلدا ئىسسىقلىق شارائىتىنى ئانالىز قىلىش يولىنى كېڭەيتكەن؛ ئىسسىقلىق بىلەن پاختا مەھسۇلاتىنى ئانالىز قىلىش ئارقىلىق، پاختىنىڭ كىلىماتلىق مەھسۇلاتى بىلەن باغلىنىشلىق بولغان فىزىئولوگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە ئەڭ كۆپ تېمپېراتۇرا ياكى جۇغلانما تېمپېراتۇرا ئامىلى تېپىپ چىقىلغان، مۇشۇ ئاساستا بىر قىسىم ئىسسىقلىق ئامىلى مەلۇمات ئەندىزىسى تۇرغۇزۇلۇپ، تۇراقلىق ياكى مەلۇمات سىنىقى نەتىجىسى بىلەن تەمىن ئېتىلگەن، نۇقتىلىق پاختىچىلىق رايونلىرىدىكى 20 مېتېئورولوگىيە پونكىتىنىڭ ئىسسىقلىق بايلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش نىسبىتى خەرىتىلىك تۈپلىمى تۈزۈپ چىقىلغان، بۇ شىنجاڭنىڭ پاختىچىلىق مېتېئورولوگىيە مۇلازىمىتىدە خېلى كۈچلۈك يېتەكچى ئەھمىيەتكە ۋە ئەمەلىي قوللىنىش قىممىتىگە ئىگە.

چيۇ زوڭشۇ

## مېتېئورولوگىيىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون، ۋىلايەتتىن ئىبارەت 2 دەرىجىلىك مېتېئورولوگىيە تارماقلىرى مېتېئورولوگىيە سۈنئىي ھەمراھدىن ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىش كەسپىي سىستېمىسى (يەنى 9210 قۇرۇلۇشى) دا كەسپلەشتۈرۈشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرۇشنى بەلگە قىلغان مېتېئورولوگىيە كەسپىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تاماملىدى ھەمدە VSAT بىر يۆنىلىشلىك تېز سۈرئەتلىك رادىئو قوبۇللاش پونكىتىدىن 16نى كېڭەيتىپ قۇرۇپ، يەر يۈزى ئالاقىسىنى گۇرۇپپىلارغا بۆلۈپ ئالماشتۇرۇش تورىنى ئۆزگەرتىپ، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇنى تۆۋەن سۈرئەتلىك تېلېگرامما ئالماشتۇرۇش سىستېمىسى ۋە يىراق مۇساپىلىك تېلېفوندا تەكشۈرۈپ ئىشلىتىش سىستېمىسىنىڭ ئورنىغا دەسسەتتى. سۈنئىي ھەمراھ ئالاقىسىنى تېز سۈرئەتتە رادىئو ئارقىلىق قوبۇل قىلىش ئاساس قىلىنغان، سانلىق مەلۇمات قانال تورى



مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇن كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى خۇ كېيۇ (سولدىن 3 - كىشى)، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شيۇاڭ خۇيىس (سولدىن 1 - كىشى) شىخەنزە بوزبەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدا مېتېئورولوگىيە ئارماقلىرىنىڭ باختا ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرمەكتە.

پەن جېپېك فوتوسى

بىلەن ئەلەپپوز تورى قوشۇمچە قىلىنغان سۈنئىي ھەمراھنىڭ ئۇنىۋېرسال ئۇچۇرلىرىدىن پايدىلىنىش كەسپىي سىستېمىسىنى ھەمدە يەر يۈزىدە خەۋەرلىشىشنى گۇرۇپپىلارغا ئايرىپ ئالماشتۇرۇشتا زاپاس ئىشلىتىلىدىغان كەسپىي سىستېمىنىڭ يېڭى ئەۋلاد ئۇچۇر تورىنى شەكىللەندۈردى ھەمدە ئۇنى كەسپىي جەھەتتە نورمال ئىشقا كىرىشتۈردى. «9210» قۇرۇلۇشى ناھىيىلىك ئىدارە (پونكىت) لەرگىچە ئۇزارتىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 61 ناھىيىلىك ئىدارە (پونكىت) دە ناھىيە دەرىجىلىك VSAT سۈنئىي ھەمراھ ئالاقىسىنى رادىئو ئارقىلىق يۇقىرى سۈرئەتتە قوبۇللاش پونكىتى قۇرۇلدى. ناھىيىلىك ئىدارە (پونكىت) لەردە سۈنئىي ھەمراھ رادىئو سىستېمىسىدا ئېچىلغان كۆپ قانالدىن پايدىلىنىپ، ئادەتتىكى مېتېئورولوگىيە ماتېرىياللىرىنى قوبۇل قىلغاندىن سىرت، يەنە كۆپلىگەن فوتو تېلېگرامما، سۈنئىي ھەمراھ بۇلۇت خەرىتىسى، سانلىق قىممەت مەلۇمات مەھسۇلاتلىرى، سۈنئىي ھەمراھ ماتېرىياللىرى، رادار مەھسۇلاتلىرى، يېتەكچى مەلۇمات مەھسۇلاتلىرى قاتارلىق مېتېئورولوگىيە ئۇچۇرلىرىنى قوبۇل قىلغىلى بولىدۇ. ش ئۇ ئا ر مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى ناھىيىلەرگە ئايرىلغان ئەندىزە مەلۇمات ھاۋارايى ئامىللىرى مەھسۇلاتلىرىنى تارقىتىپ، ھاۋارايى مەلۇماتلىرىنى كومپيۇتېرغا كىرگۈزۈپ ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇش سىستېمىسىنى كېڭەيتتى، MICAPS خىزمەت ئاختىسىنى ئىككىلەمچى ئۆزلەشتۈرۈش نەتىجىسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك ئىدارىلەردە كېڭەيتىلدى. MICAPS نىڭ كىرگۈزۈلۈشى گرافىك - سۈرەتلەرنىڭ كۆرسىتىلىشىنى كۈچەيتىپ بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى بىلەن تەمىنلەپلا قالماي، ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ مەلۇمات بېرىش مۇلازىمىتىمۇ جانلىق، قولايلىق بولغان مەلۇمات مۇلازىمىتى ئىش ئاختىسى بىلەن تەمىنلەندى. «شىنجاڭنىڭ مېتېئورولوگىيىسىنى نورلاشتۇرۇش ئۈستىدە تەتقىقات» تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى: «كۆپ ۋاسىتىلىك ئۇچۇرلارنى كۆرسىتىش سىستېمىسى» نى تەتقىق قىلىپ ياساش خىزمىتى تاماملاندى. ناھىيىلىك ئىدارىلەرنىڭ مۇلازىمەت - مەسلىھەت ئىشخانىلىرىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ۋە 2 ئىشخانا، بىر مەيدان (مەلۇمات بېرىش نۆۋەتچىخانا، يەر يۈزى نۆۋەتچىخانا، كۆزىتىش مەيدانى) نىڭ قۇرۇلۇشى كېڭەيتىش باسقۇچىغا كىردى. يېڭى سىستېمىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن ئورۇنلارغا ماتېرىيال يەتكۈزۈپ بېرىشى نورمال بولدى، ئۇچۇر قوبۇل قىلىشنىڭ تولۇق بولۇش نىسبىتى %95تىن ئاشتى؛ VSAT ئارقىلىق يەتكۈزۈشنىڭ ئۆز ۋاقتىدا بولۇش نىسبىتىمۇ %95 تىن ئاشتى، ماتېرىياللار چۈشۈپ قالىدىغان ئەھۋال كۆرۈلمىدى. شىنجاڭ بويىچە 14 يۇقىرى ھاۋا بوشلۇقى پونكىتى بىلەن 20 يەر يۈزى پونكىتىغا «PC — 1500» تىپلىق كومپيۇتېر ئالماشتۇرۇپ بېرىلدى، ئۇ كەسپىي جەھەتتە توغرا ئايلىنىش باسقۇچىغا قەدەم قويدى. رادارنىڭ سۈنئىي تەسۋىر كۆرسىتىش خەرىتىسى، كومپيۇتېر ئارقىلىق تىزگىنلىنىدىغان راكېتانى قويۇپ بېرىش سىستېمىسىنى تەتقىق قىلىش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مېتېئورولوگىيە سىستېمىسىدا 19 پەن تەتقىقات تېمىسى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، 1998 - يىلدىكىدىن 7 تەتقىقات تۈرى ئېشىپ قالدى، 11 تەتقىقات تۈرى باھالاش ۋە تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى، پەن تەتقىقات نەتىجىسىدىن بىر تۈر ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 2 - دەرىجىلىك ۋە بىر تۈر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، 6 تۈر ش ئۇ ئا ر مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. مۇشۇ بىر يىلدا ھەرخىل

باشقۇرۇش، كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەش كۇرسىدىن 11 قارار ئېچىلدى، 405 كىشى تەربىيىلەندى.

جۇ يۇنپىڭ

## 2 تۈرلۈك قۇرۇلۇش «شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى پىلانى»غا كىرگۈزۈلدى

1999 - يىل 6 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى «شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىغا سۈنئىي تەسىر كۆرسىتىش سىستېما قۇرۇلۇشى» بىلەن «شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى نازارەت قىلىپ كۆزىتىش تورى قۇرۇلۇشى»نى «شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى پىلانى»نىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرىگە كىرگۈزدى.

شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىغا سۈنئىي تەسىر كۆرسىتىش سىستېمىسى قۇرۇلۇشى»نىڭ مەزمۇنى سۈنئىي كۆپەيگەن سۇنى ئۆلچەش سىستېمىسى بىلەن ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى نازارەت قىلىپ كۆزىتىش سىستېمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭدا شىنجاڭنىڭ بۇلۇت خەرىتىسى ماتېرىياللىرىغا ۋە شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا ئاساسەن، سۇنى سۈنئىي كۆپەيتىش مەشغۇلاتى ئېلىپ بېرىلىدىغان رايونلار ۋە مەشغۇلات دائىرىسى، مەشغۇلات ۋاقىت بۆلىكى ۋە ئىمكانىيەتلىك ئىقتىسادىي ئۈنۈمىگە باھا بېرىلدى؛ ئۇ سۇنى كۆپەيتىش ئۈلگە بازىسى قۇرۇلۇشىنىڭ يۇمشاق دېتال سىستېمىسى، مەلۇمات بېرىش سىستېمىسى، تەدبىر سىستېمىسى، مەشغۇلات سىستېمىسى ۋە ئۈنۈمىگە باھا بېرىش سىستېمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ قاتتىق دېتال سىستېمىسى نەق مەيداندا مەلۇمات بېرىش، مەشغۇلاتقا قوماندانلىق قىلىش ۋە ئۈنۈمىگە باھا بېرىش سىستېمىسىنى ھەمدە بىر قانچە مەشغۇلات نۇقتىسى بىلەن يىراقتىن ئۆلچەش - يىراقتىن كونترول قىلىش ئەسۋابلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

«شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى نازارەت قىلىپ كۆزىتىش قۇرۇلۇشى تورى»دە 3 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى كۆزىتىش پونكىتىدىن 80نى (ئەسلىدىكى مېتېئورولوگىيە پونكىتى ياكى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق مەيدانى، ئورمانچىلىق رايونلىرىدىكى كۆزىتىش پونكىتى ئاساسىدا كېڭەيتىپ قۇرۇلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە چۆللىشىشنى كۆزىتىش پونكىتىدىن 30ى، ئوتلاق ئېكولوگىيىسىنى كۆزىتىش پونكىتىدىن 10ى، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدا كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيانداشلىقى مۇھىتىنى كۆزىتىش پونكىتىدىن 20سى، ئورمانچىلىق

## ماتېرىيال:

### «بوران - چاپقۇن — 1»C سۈنئىي ھەمراھنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك قويۇپ بېرىلىشى ۋە ئۇنىڭ رولى

1999 - يىل 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى سائەت 9 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە «بوران - چاپقۇن — 1» 3 - مېتېئورولوگىيە سۈنئىي ھەمراھى (FY — I C سۈنئىي ھەمراھ) «ئۇزۇن سەپەر 4 - نومۇرلۇق» B توشۇغۇچى راكېتا ئارقىلىق تەييۇەن سۈنئىي ھەمراھ قويۇپ بېرىش مەركىزىدىن ھاۋا بوشلۇقىغا كۆتۈرۈلدى. سائەت 9 دىن 45 مىنۇت 10 سېكۇنت ئۆتكەندە سۈنئىي ھەمراھ راكېتادىن ئايرىلدى، 45 مىنۇت 31 سېكۇنت ئۆتكەندە ئۇچۇش تەرتىپى بويىچە بەلگىلەنگەن ئوربىتىغا توغرا كىردى. ئۈرۈمچى ۋە بېيجىڭ مېتېئورولوگىيە سۈنئىي ھەمراھ يەر يۈزى پونكىتلىرى سۈنئىي ھەمراھ قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن تۇنجى كۆرۈنىدىغان نۇرلۇق بۇلۇت خەرىتىسىنى بىرلا ۋاقىتتا قوبۇل قىلدى، بۇلۇت خەرىتىسى ئېنىق، سۈپىتى ناھايىتى ياخشى بولدى.

«FY — I C» سۈنئىي ھەمراھىنى «FY— I A» ۋە «FY— I B» سۈنئىي ھەمراھقا سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭ يىراقتىن سىزىپ ئۆلچەش ئىقتىدارىدا 2 چوڭ ئىلگىرىلەش بار. بىرىنچى، تەسۋىر بېسىلغان رادىئاتسىيىلىك خەۋەر يولى سانى 5 تىن 10 غا كۆپەيدى ھەمدە سانلىق مەلۇماتلارنىڭ مىقدارلاشتۇرۇلغان خانە سانى 8 بىتتىن 10 بىتقا يەتكۈزۈلدى؛ ئىككىنچى، سۈنئىي ھەمراھتىكى ساقلىغۇچنىڭ سىغىمچانلىقى ئاشۇرۇلدى، كۆزىتىلگەن ماتېرىياللارنى ساقلاش ۋاقتى 60 مىنۇتتىن 300 مىنۇتقا يەتتى ھەمدە ساقلاپ تارقىتىدىغان تەقلىدىي سىگنال رەقەملىك سىگنالغا ئۆزگەرتىلدى. «FY— 1C» قۇتۇپ ئوربىتىلىق مېتېئورولوگىيە سۈنئىي ھەمراھىنى تۇرغۇن مېتېئورولوگىيە سۈنئىي ھەمراھىغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقى شۇكى، پۈتۈن يەر شارىغا دائىر ماتېرىياللارغا ئېرىشكىلى بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ ئوربىتا ئېگىزلىكى پەس بولغاچقا، تېخىمۇ مول كۆزىتىش تۈرلىرىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئۇ ناھايىتى يۇقىرى تەكشۈرۈش ئازۇكلۇق دەرىجىسىگە ۋە بوشلۇقنى پەرقلەندۈرۈش نىسبىتىگە ئىگە. شۇڭا ئۇ، ئوتتۇرا، كىچىك ئۆلچەملىك ھاۋارايى سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە خۇسۇسىيىتىنى تېخىمۇ تەپسىلىي كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. تېخىمۇ مول مېتېئورولوگىيە پارامېتىرى بىلەن تەمىنلەپ بېرەلەيدۇ، ئەگەر ئۇ يۇقىرى چاستوتىلىق تۇرغۇن مېتېئورولوگىيە سۈنئىي ھەمراھ ماتېرىياللىرى بىلەن ماسلاشتۇرۇپ ئىشلىتىلسە، ھاۋارايى مەلۇماتى ۋە

رايونلىرىدا ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى كۆزىتىش پونكىتىدىن 10ى، بوستانلىق چېتىدىكى چۆللۈك بەلۋاغنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى كۆزىتىش پونكىتىدىن 10ى نۇقتىلىق قۇرۇپ چىقىلىدۇ. ئادەمسىز نۆۋەتچىلىك قىلىدىغان تولۇق ئاپتوماتىك كۆزىتىش پونكىتىدىن 40نى (ئاساسەن ئاغلىق رايونلار ۋە چۆللۈك رايونلاردا قۇرۇلىدۇ) قۇرۇش ھەمدە رايون — ۋىلايەت — ناھىيە — كۆزىتىش - ئۆلچەش پونكىتى ئۈچچۈر يوللاش تورىنى قۇرۇش پىلانلاندى.

جۇ يۇنپىڭ

## ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى مەدەنىي ساھە بەرپا قىلىندى

1999 - يىل 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ش ئۇ ئا ر مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى يېتەكچىلىك كومىتېتى «ئاپتونوم رايون بويىچە مېتېئورولوگىيە سىستېمىسىغا مەدەنىي ساھە دەپ نام بېرىش توغرىسىدا قارار» (ش م [1999] 60 - نومۇرلۇق) چىقاردى، بۇ — ئاپتونوم رايون بويىچە مېتېئورولوگىيە تارمىقى بەرپا قىلغان تۇنجى مەدەنىي ساھە. 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايوننىڭ مېتېئورولوگىيە سىستېمىسىدىكى 104 ئاساسىي قاتلام ئورۇن (%1. 98نى ئىگىلەيدۇ) غا ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيە دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇن دەپ نام بېرىلدى، بۇلار ئىچىدە ئۆز ئالدىغا ھېسابات قىلىدىغان باشقارما دەرىجىلىك كەسپىي ئورۇنلارنىڭ %50ى ئاپتونوم رايون بويىچە مەدەنىي ئورۇن بولدى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ مېتېئورولوگىيە كەسپىگە سېلىنغان (جۇڭگو مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى سالغان) ئاساسىي قۇرۇلۇش خىراجىتى 10 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە يەتتى، يېڭىدىن 750 كۋادرات مېتىر ئىشخانا، 20 مىڭ 480 كۋادرات مېتىر تۇرالغۇ ئۆي سېلىندى. 2750 مېتىر قورۇق تام رېمونت قىلىندى، 12 ئىستانسا - پونكىتنىڭ ئىچىملىك سۇ قىيىنچىلىقى، 4 ئىستانسا - پونكىتنىڭ توك مەسىلىسى، 2 ناھىيىلىك مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىنىڭ يول يۈزىنى قاتتىقلاشتۇرۇش ۋە 7 ئىستانسا - پونكىتنىڭ ئىسسىنىش مەسىلىسى ھەل قىلىپ بېرىلدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر مىللەت مېتېئورولوگىيە ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ئارىسىدا مەدەنىي ئىستانسا - پونكىت، مەدەنىي ئائىلە، مەدەنىي سىستېما بەرپا قىلىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيىدىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك ئورۇنلار ئوخشاش بولمىغان ئەھۋاللارغا بىرلەشتۈرۈپ، كۇتۇپخانا، مەدەنىيەت ئۆيى، ئېلېكترلەشكەن سىنىپ، تەنتەربىيە مەيدانلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى. 1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى

مېتېئورولوگىيە تەتقىقات خىزمىتىدە تېخىمۇ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. قۇتۇپ ئوربىتىلىق مېتېئورولوگىيە سۈنئىي ھەمراھىنىڭ ئۆزگىچە رولى يەنە شۇ يەردىكى، ئۇنىڭ ماتېرىياللىرى ئوتتۇرا، ئۇزاق مۇددەتلىك ھاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش ۋە كىلىماتنى مۆلچەرلەش تەتقىقاتىدا ھەمدە تەبىئىي ئاپەت ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى كۆزىتىشتە قوللىنىلىدۇ. ھەربىي ئىشلار، ئاۋىئاتسىيە، دېڭىزچىلىق ئىشلىرىنىڭ مېتېئورولوگىيىلىك كاپالىتىدە قوللىنىشتىمۇ ئەڭداشسىز رول ئوينايدۇ. مېتېئورولوگىيە سۈنئىي ھەمراھ ماتېرىياللىرى تەبىئىي ئاپەت ۋە يەر شارى مۇھىتىنى كۆزىتىشتىمۇ ئۆزىنىڭ ناھايىتى ئۈنۈملۈك بولغان ئۇنىۋېرسال ئىقتىدارىنى نامايان قىلدى. «FY—1C» قۇتۇپ ئوربىتىلىق مېتېئورولوگىيە سۈنئىي ھەمراھى ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى دىنامىكىلىق كۆزىتىشتە پايدىلىق شارائىتقا ئىگە. مەسىلەن، بىر سۈنئىي ھەمراھ يەر شارىدىكى ھەر قانداق بىر يەرنى بىر كۈندە 2 قېتىم كۆزىتەلەيدۇ، ئۇنىڭ تەسۋىر يېيىش دائىرىسى قاپلىغان بارلىق خەۋەر يولىدىكى نۇقتىلارنى پەرقلەندۈرۈش نىسبىتى 1.1 كىلومېتىر بولۇپ، بوشلۇقنى پەرقلەندۈرۈش نىسبىتىگە ئانچە يۇقىرى تەلەپ قويۇلمايدىغان ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى دىنامىكىلىق كۆزىتىش جەھەتتىكى تەلەپنى قاندۇرالايدۇ، ئۇنىڭ سانلىق مەلۇماتىنىڭ نازۇكلۇق دەرىجىسى باشقا سۈنئىي ھەمراھنىڭكىدىن يۇقىرى بولۇپ، كۆرۈنىدىغان نۇر بىلەن ئىنفىرا قىزىل نۇرى قانىلى بىرلەشكەن كۆپ سپېكتىر سۈرىتىدە مىقدارلىق بىر تەرەپ قىلىشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ناھايىتى نۇرغۇن ساھەلەردە ئۈنۈملۈك قوللىنىلىدۇ، نۆۋەتتە ئورمانلىقلاردىكى ئوت ئاپىتى، كەلكۈن، قۇرغاقچىلىق، زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالى، بېلىقچىلىق مەيدانلىرى، دەريا ئېغىزلىرىدىكى لاي - لاتقا، دېڭىز مۇزى، توپلانما قار، شەھەرلەردىكى ئىسسىقلىق ئاراللىرىنى كۆزىتىش ۋە زىرائەت مەھسۇلاتىنى مۆلچەرلەش ساھەلىرىدە بىر قەدەر كەڭ قوللىنىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، «FY—1C» يەتكۈزۈپ بەرگەن يەر شارىغا دائىر ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ، يەر شارىدىكى ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشىنى، تەبىئىي ئاپەت ئەھۋالىنى ئىگىلىگىلى بولىدۇ. مېتېئورولوگىيە سۈنئىي ھەمراھى چەت ئەللەرنىڭ مېتېئورولوگىيە مەلۇماتلىرىنى ۋاقتىدا قولغا كەلتۈرۈشتىكى مۇھىم ۋاستە ھېسابلىنىدۇ.

لى گۇاڭ

جاپالىق رايوندىكى 44 مېتېئورولوگىيە پونكىتىغا 5000 يۈەندىن مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى مەخسۇس خىراجىتى كۆپەيتىپ بەردى. ئاپتونوم رايوننىڭ مېتېئورولوگىيە تارماقلىرىدىكى ئورۇنلارنىڭ ھەممىسىدە كىچىك تىپتىكى كۈتۈپخانا، ئىشچى - خىزمەتچىلەر مەدەنىي كۇلۇپ ئېچىش ئۆيى قۇرۇلدى. ش ئۇ ئا ر مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى ئورگىنى بىلەن بىۋاسىتە قاراشلىق قىسمەن ئورۇنلاردا ئېلېكترلەشكەن سىنىپلار قۇرۇلۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشى بېيىتىلدى.

جۇ يۇنپىڭ

## مېتېئورولوگىيىلىك مەلۇمات ئۇچۇرلىرى توغرىسىدا ئاپتوماتىك مەسلىھەت بېرىش تېلېفونلىرى تولۇق ئىشقا سېلىندى

ھەر قايسى ساھە ۋە كەسىپلەرنىڭ مېتېئورولوگىيە ئۇچۇرلىرىغا بولغان ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايوندىكى ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك مېتېئورولوگىيە ئىدارىلىرى 9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، پوچتا - تېلېگراف تارماقلىرى بىلەن بىرلىشىپ، جەمئىيەتتىكى جامائەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان «121» ياكى «221» تېلېفون ئارقىلىق مېتېئورولوگىيە ئۇچۇرلىرى توغرىسىدا ئاپتوماتىك مەسلىھەت بېرىش كەسپىنى قانات يايدۇردى. 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭ بويىچە مېتېئورولوگىيىلىك مەلۇمات ئۇچۇرلىرى توغرىسىدا ئاپتوماتىك مەسلىھەت بېرىش تېلېفونىنىڭ ھەممىسى ئىشقا سېلىندى.

مېتېئورولوگىيە ئۇچۇرلىرى توغرىسىدا «121»، «221» تېلېفون ئارقىلىق ئاپتوماتىك مەسلىھەت بېرىش سىستېمىسىدا ھازىرقى زامان كومپيۇتېر تېخنىكىسى قوللىنىلغان، WindowsNT ئۇچۇر مەشغۇلات سىستېمىسى قىلىنغان، ئۇنىڭدا تىلنى ئاپتوماتىك بىرىكتۈرۈش تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ، ئۇچۇرنى يىغىش، تەھرىرلەش، ئاڭلىتىش ئىشلىرىنى بىرلا ۋاقىتتا ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ؛ بۇ سىستېمىغا 8 تالدىن 120 تالغىچە بولغان تېلېفون سىمى چېتىلغان بولۇپ، تېلېفون ئۇرۇش نىسبىتى ئۆستۈرۈلۈپ، ئابونېنتلارغا قولايلىق يارىتىپ بېرىلگەن؛ بۇنىڭدا ھەرخىل كەسپىي مەلۇمات ساندۇقى بىلەن ئاز سانلىق مىللەت تىلى ساندۇقلىرىنى ئىشلىتىش ئارقىلىق ئوخشاش بولمىغان ئابونېنتلار ئاممىسىغا خىزمەت قىلغىلى بولىدۇ.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى كۆپ قىسىم ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا كەسپىي مەلۇمات ساندۇقى بىلەن ئاز سانلىق مىللەت تىلىدىكى ساندۇقلار ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، مەسىلەن، دائىرىلەر بويىچە ھاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش، مەنزىرىلىك ساياھەت نۇقتىلىرىنىڭ ھاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش، ھەرخىل تۇرمۇش كۆرسەتكۈچلىرىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش، هۆل - يېغىن ئېھتىماللىقىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش، ئاتموسفېرا بۇلغىنىشىنىڭ يوشۇرۇن ۋەزىيىتىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش ۋە ئاز سانلىق مىللەت تىللىرىدا ھاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

چى جياشىن

## 4 شەھەردە شەھەر مۇھىتى مېتېئورولوگىيىسىدىن مەلۇمات بېرىش مۇلازىمىتى قانات يايدۇرۇلدى

1999 - يىلى ئۈرۈمچى، قۇمۇل، تۇرپان، شىخەنزە شەھەرلىك مېتېئورولوگىيە ئىدارىلىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شەھەر مۇھىتى مېتېئورولوگىيىسىدىن مەلۇمات بېرىش مۇلازىمىتى تۈرىنى يولغا قويدى. 5 - ئايدا ش ئۇ ئا ر مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئۇلترا بىنەپشە نۇر دەرىجىسى مەلۇماتى، ئەتىتىگەنلىك چېنىقىش كۆرسەتكۈچى، كىيىنىش كۆرسەتكۈچى، بەدەن سېزىمى تېمپېراتۇرىسى، شەھەرلەرنىڭ ئوت خەۋپى قاتارلىق مەلۇماتلارنى ئاشكارا ئېلان قىلدى، 7- ئايدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى شەھەرنىڭ ئۇلترا بىنەپشە نۇر دەرىجىسى مەلۇماتى، ئادەم بەدىنىنىڭ ھوزۇرلىنىش دەرىجىسى، ئەتىتىگەنلىك چېنىقىش كۆرسەتكۈچى، كىيىنىش كۆرسەتكۈچى، بەدەن سېزىمى تېمپېراتۇرىسى، داۋالىنىش مېتېئورولوگىيىسى قاتارلىق مەلۇماتلارنى ئاشكارا ئېلان قىلدى؛ 8 - ئايدا قۇمۇل مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى قۇمۇل شەھىرىنىڭ ئادەم بەدىنى ھوزۇرلىنىش دەرىجىسى، ئۇلترا بىنەپشە نۇرى چۈشۈش دەرىجىسى، كىيىنىش كۆرسەتكۈچى مەلۇماتىنى ئاشكارا ئېلان قىلدى؛ تۇرپان مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى تۇرپان شەھىرى ھاۋاسىنىڭ بۇلغىنىشىدىن مەلۇمات بەردى، شىخەنزە شەھەرلىك مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى شىخەنزە شەھىرىنىڭ ھاۋا بۇلغىنىش يوشۇرۇن ئەھۋالىدىن مەلۇمات بەردى.

لۇ جياڭ

## ئۈرۈمچى تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسىنىڭ بورانىنى ئۆلچەش تورى قۇرۇلدى

بۇ ئۈرۈمچى تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى بىلەن ش ئۇ ئا ر مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىنىڭ تېخنىكىلىق جابدۇق مەركىزى ھەمكارلىشىپ بارلىققا كەلتۈرگەن قۇرۇلۇش تورى بولۇپ،

1999 - يىلىنىڭ بېشىدا تاماملاندى ھەمدە تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى. بۇ سىستېما ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن بىر يىلدىن بۇيان ئۇنىڭ ئىقتىدارى مۇقىم، ئىشلىشى نورمال بولدى. بولۇپمۇ 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى بوران تۆمۈر يول لىنىيىسىگە ھۇجۇم قىلغاندا، تۆمۈريول ترانسپورت ئىشلىرىنى بەلگىلەش - باشقۇرۇش تارماقلىرىنى توغرا بوران ئۇچۇرى بىلەن ۋاقتىدا تەمىنلەپ، تۆمۈريول ترانسپورتىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى، بوران كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان زىياننىڭ ئالدىنى ئالدى ياكى ئۇنى ئازايتتى. كۆزىتىش تورى ئۈرۈمچى تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى قارىمىقىدىكى تەڭرىتاغ، تۇداۋخې، ئۈچ بۇلاق، تورپان، شياۋساۋخۇ، خوڭتەي، دابۇ، سەنجاپار، خوڭسېڭدىن ئىبارەت 9 كۆزىتىش پونكىتىدىن تەركىب تاپقان. بۇنىڭ ئىچىدە 6 سى يەرلىك پونكىت، 3 ى رايونلار ئارا پونكىت. 100 چاقىرىملىق بوران رايونى ۋە 13 چاقىرىملىق بوران ئېغىرى رايونىدا بوراننى كۆزىتىش تورى بارلىققا كەلتۈرۈلدى، بۇ تۇنجى قېتىملىق ئىش بولۇپ، ئۇنىڭ بورانغا دائىر ماتېرىياللىرى ئىنتايىن قىممەتلىك. بۇ تور ئۈرۈمچى تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسىنىڭ 1999 - يىللىق پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىپ، تۆمۈريول، تاشيول، نېفىت، سۇ قۇرۇلۇشى، مۇھىت ئاسراش قاتارلىق تارماقلارغىچە كېڭەيتىلىپ ئىشلىتىلدى. بۇ، ش ئۇ ئا ر مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى تېخنىكىلىق جابدۇق مەركىزىنىڭ پەن - تېخنىكا مۇلازىمىتى ۋە كەسپىنىڭ ئۇنىۋېرسال تىجارەت تېپىدىن پەن - تېخنىكا مۇلازىمىتى تېپىگە قاراپ ئۆزگەرگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

يې ۋېنجۈن

## «ھاۋارايىدىن مەلۇمات» پروگراممىسىغا رىياسەتچىلىك قىلغۇچىلار ئېكرانغا چىقتى

1999 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ش ئۇ ئا ر مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى ھاۋارايىدىن مەلۇمات بېرىش تېلېۋىزىيە پروگراممىسىغا رىياسەتچىلىك قىلغۇچىلارنى تۇنجى قېتىم ئېكرانغا چىقاردى. بۇ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش تۈرىگە 1 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى سالغان مەبلەغ 900 مىڭ يۈەن، ش ئۇ ئا ر مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى ئۆزلىرى توپلىغان مەبلەغ 700 مىڭ يۈەن. بۇ پروگراممىدا ھەر كۈنى كەچتە سائەت 21 دىن 25 مىنۇت (بېيجىڭ ۋاقتى) ئۆتكەندە شىنجاڭ سۈنئىي ھەمراھ تېلېۋىزىيىسى 1 - ئىستانسىسىدا كۆرسىتىلىدۇ، ئاپتونوم رايوندىكى ئاساسلىق 16 شەھەر - بازارنىڭ ھاۋارايىدىن مەلۇمات بېرىش، ھاۋارايى ۋەزىيىتىدىن مەلۇمات بېرىش، ئاپەت خاراكتېرلىك ھاۋارايى مەلۇماتىدىن تىرېۋوگا بېرىش ۋە پاختىچىلىق قاتارلىق تېرىقچىلىققا مۇلازىمەت قىلىش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، پروگراممىدا 4 مىنۇت ئەتراپىدا كۆرسىتىلىدۇ.

لى جۈەن

## ئىلغارلارنى تەقدىرلەش ئەھۋالى

1999 - يىلى خوتەن مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىگە مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى ئۈلگىلىك ئورۇن دەپ نام بېرىلدى؛ 9 - ئايدا خوتەن مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى ئابلىمىت مەھەممەتتۇر مەملىكەت بويىچە مېتېئورولوگىيە تارماقلىرىنىڭ بىردىنبىر ۋەكىلى سۈپىتىدە، مەركىزىي كومىتېت مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنى ۋە مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشتى. 9 - ئايدا شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە كەسپىي مەركىزىگە مەملىكەت بويىچە مەدەنىي ساھە بەرپا قىلىش خىزمىتىدە ئىلغار ئورۇن دەپ نام بېرىلدى؛ جىن لۇشياڭ (ئالتاي مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىدىن) غا ئاپتونوم رايون بويىچە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى 100 باشلامچىنىڭ بىرى دەپ نام بېرىلدى. بايىنغولىن ئوبلاستلىق مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى بىلەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى 1999 - يىلى مەملىكەت بويىچە مېتېئورولوگىيە تارماقلىرىنىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش - ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش مېتېئورولوگىيە مۇلازىمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، لۇ گويىڭ (شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە كەسپىي مەركىزىدىن) ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى.

جۇ يۈنپىڭ

# ئىلىم - پەن

## شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئەھۋالى

### يېزا ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش خىزمىتىدىكى 5 چوڭ بازا قۇرۇش، 10 تۈۋرۈك كەسىپنى راۋاجلاندۇرۇش، 100 ئۈرپچۈرىسىدە داڭلىق مەھسۇلات يارىتىش مەزمۇن قىلىنغان «511» قۇرۇلۇشىنى زىچ چۆرىدەپ، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىش نىشان قىلىنىپ، يارامىلىق يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە 130 تۈر ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە داۋاملاشتۇرۇلىدىغان تۈر 61، يېڭىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان تۈر 69 بولۇپ، پۇتكۈل تۈرگە 10 مىليون يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىلدى.

1. ئاشلىق، پاختا ئىشلەپچىقىرىش گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، ئەلا سورتلار پائال ئومۇملاشتۇرۇلدى، بىرلىك ھوسۇلنى ئاشۇرۇش ئاساس قىلىنىپ، ئومۇمىي مەھسۇلات ئاشۇرۇلدى.

دېھقانچىلىق نازارىتى بىلەن شىنجاڭ دېھقانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۈز ئالدىغا ئۈستىگە ئالغان «ھەرمو كېۋەزدىن 100 كىلوگرام ساپ پاختا ئالىدىغان ناھىيە بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشى» تۈرى يولغا قويۇلغان رايونلاردا 1999 - يىلى 28 ناھىيە ھەر مو كېۋەزدىن 100 كىلوگرام ساپ پاختا ئېلىش ئۆلچىمىگە يەتتى، بۇ تۈر ئومۇملاشتۇرۇلغان يەر كۆلىمى 400 مىڭ گېكتار بولۇپ، ئوتتۇرىچە مو بېشى ھوسۇلى 103 كىلوگرامغا يەتتى. ھەر مو كېۋەزدىن 120 كىلوگرام ساپ پاختا ئېلىش بويىچە ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش تۈرى 8 ۋىلايەت، ئوبلاستتىكى كېۋەز تېرىلىدىغان مەكىت، مارالبېشى، پەيزاۋات، يوپۇرغا، ئاقسۇ، كۇچا، ئاۋات، شايار، كورلا، لوپنۇر، بۈگۈر، توقسۇن، قۇمۇل، ماناس، شىخو، ساۋەن، بورتالا، جىڭ قاتارلىق 18 نۇقتىلىق ناھىيە - شەھەردە جەمئىي 117 مىڭ گېكتار يەردە يولغا قويۇلۇپ، مو بېشىدىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 121 كىلوگرام ساپ پاختا ئېلىندى، ساپ پاختا يېڭىدىن 24 مىڭ توننا ئاشۇرۇلدى.

سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ بۇغداي تېرىش بويىچە «345» قۇرۇلۇشىنى دېھقانچىلىق نازارىتى، شىنجاڭ دېھقانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى، ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى ئۈستىگە ئالدى. بۇ تۈر ئاپتونوم رايون بويىچە 17 مىڭ گېكتار يەردە ئومۇملاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىلغان يازغى بۇغداينىڭ مو بېشىدىن 317 كىلوگرام ھوسۇل ئېلىنىپ، مو بېشى ھوسۇلى يېڭىدىن 110 كىلوگرام ئاشۇرۇلدى؛ سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىلغان كۈزگى بۇغداينىڭ مو بېشىدىن 428 كىلوگرام ھوسۇل ئېلىنىپ، مو بېشى ھوسۇلى 77 كىلوگرام ئاشۇرۇلدى؛ يۇقىرى ھوسۇللۇق، سۈپەتلىك سىلوس كۆممىقوناقنى ئومۇملاشتۇرۇش تۈرىدە سىلوس كۆممىقوناقنىڭ يېڭى شالغۇت تۈرى — شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى يېتىشتۈرگەن سىلوس 1 - نومۇرلۇق (ئەتىيازدا تېرىلىدىغان ئارا جايدا كۆممىقوناق)، 2 - نومۇرلۇق (شىمالىي شىنجاڭدا ئېگىزغا تېرىلىدىغان چىلگە كۆممىقوناق) ئومۇملاشتۇرۇش سورتى قىلىندى. 1999 - يىلى ماناس، قۇتۇبى، سانجى، فۇكاڭ قاتارلىق ناھىيە، شەھەرلەردە دەسلەپكى قەدەمدە ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، ناھايىتى ئوبدان ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. بۇ سورتلار بالدۇر پىشىش، ھوسۇلى يۇقىرى بولۇش، غول يوپۇرماقلىرى يېشىل ھەم يۇمران، تىڭ بولۇش، ئاقسىل تەركىبى يۇقىرى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرنى نامايان قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى يېتىشتۈرگەن سىلوس 1 - نومۇرلۇق كۆممىقوناقنىڭ مو بېشى ھوسۇلى 7 ~ 8 توننا (CS704 نىڭ مو بېشى ھوسۇلى 4 ~ 5 توننا ئىدى) غا يەتتى. 2 دىن باش ئېلىش نىسبىتى يۇقىرى بولدى، غولى ئېگىز، يوپۇرماقلىرى كەڭ ھەم تىك، قېلىن ئۆستى؛ سىلوس 2 - نومۇرلۇق كۆممىقوناقنىڭ پىشىش ۋاقتى 85 كۈن ئەتراپىدا بولۇپ، مو بېشى ھوسۇلى 2 ~ 3 تونناغا يېتىدۇ، شىمالىي شىنجاڭدا ئېگىزغا تېرىلسا تامامەن پىشىدۇ.

2. رايون ئالاھىدىلىكى ۋە ئەۋزەللىكىگە ئىگە باغۋەنچىلىك، ئورمانچىلىق تېخنىكىسى ئومۇملاشتۇرۇلدى.

قۇرۇق مېۋە ئېلىنىدىغان ئىقتىسادىي ئورمان قۇرۇلۇشى ۋە ئۆلكە كۆرسىتىش بازىسى قۇرۇلۇشى تۈرى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 15 نۇقتىلىق ناھىيە، شەھەردە يولغا قويۇلۇپ، 10 مىڭ گېكتار بادىكى ھوسۇلى تۆۋەن 17 مىليون 760 مىڭ تۈپ مېۋىلىك دەرەخ ياخشىلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە ياڭاق 507 مىڭ تۈپ، ئۆرۈك 710 مىڭ تۈپ، 34 مىڭ مو يەردىكى بادام، چىلان سورتى ياخشىلاندى. 200 نەچچە گېكتارلىق پەن - تېخنىكىدا ئۆلكە كۆرسىتىش رايونىدا 3 مىليون تۈپتىن كۆپرەك ئۇلاق كۆچىتى يېتىشتۈرۈلدى. 3.23 گېكتار يەردە ھەرخىل ئېسىل سورتلۇق كەسمە كۆچەتخانا بەرپا قىلىندى، 100 مىليون يۈەنگە يېقىن كىرىم قىلىندى.

99' كۈنمىڭ دۇنيا باغۋەنچىلىك كۆرگەزمىسىدە كەسىپلەشتۈرۈش مەقسەت قىلىنغان «355» قۇرۇلۇشى بويىچە «خوتەننا» دېگەن تاۋار ماركىسى بىلەن تاللاپ يوللانغان قوغۇننىڭ 7 - نومۇرلۇق شالغۇت قوغۇنى، «ئىپارخان» ناملىق قوغۇن ئالىي مۇكاپاتقا ئېرىشتى، مۇناقى ئۈزۈم، كىشمىش ئۈزۈم، «چۈەنچيۇخۇڭ» ناملىق ئۈزۈم ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 99' جۇڭگو خەلقئارا يېزا ئىگىلىك كۆرگەزمىسىدە «سايدۇڭ» ماركىلىق كورلا نەشپۈتى، تۇرپان كىشمىش ئۈزۈمى ۋە «ئالتۇن خانىش» ناملىق قوغۇن كۆرگەزمىنىڭ داڭلىق مەھسۇلات گۇۋاھنامىسىغا ۋە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

3. سۇ تېجەش، سۇغىرىش تېخنىكىسى زور كۈچ بىلەن ئومۇملاشتۇرۇلدى ۋە سۇ مەھسۇلاتلىرى كەسپى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇلدى.

ئېرىق، ئۆستەڭلەرنى سۇ سىڭمەس قىلىپ ئۆزگەرتكەن ناھىيە قۇرۇلۇشى ئەندىزىسى ئومۇملاشتۇرۇلدى، 1999 - يىلى سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى 8 ناھىيە، شەھەر ۋە چاغانتوقاي، ساۋەن، قۇمۇل، ئاراتۈرۈك، خوشۇت، باغراش، كورلا قاتارلىق ناھىيە، شەھەرلەر ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى تولۇق سۇ سىڭمەس قىلىپ ئۆزگەرتىش بويىچە تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى، تولۇق سۇ سىڭمەس قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن ئېرىق - ئۆستەڭ جەمئىي 14 مىڭ 420 كىلومېتىرغا يەتتى، سۇغىرىلىدىغان يەر كۆلىمى 43 مىڭ گېكتار كۆپەيدى.

CN سۇغىرىش تېخنىكىسىنى ئۈنىۋېرسال يۈرۈشلەشتۈرۈش بويىچە ئۆلكە كۆرسىتىش - ئومۇملاشتۇرۇش تۈرىدە، 1999 - يىلى سانجىدا CN سۇغىرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش ئارقىلىق ئۆلكە كۆرسىتىش يۈزىسىدىن 0.7 گېكتار كېۋەز ۋە 0.7 گېكتار كۆممىقوناق سىناق تەرىقىسىدە تېرىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەر ئىگىلىرى ئەنئەنىۋى ئۇسۇل بويىچە شارائىتى ئوخشاش بولمىغان 0.6 گېكتار يەرگە كېۋەز، 0.4 گېكتار يەرگە كۆممىقوناق تېرىدى، مۇشۇنداق سېلىشتۇرۇپ سىناق قىلىش نەتىجىسىدە، كېۋەز ھوسۇلىنىڭ %62 (81 كىلوگرام - مو) ئاشقانلىقى، سۇنىڭ %42 (210 كۇب مېتىر - مو) تېجەپ قېلىنغانلىقى، كۆممىقوناق ھوسۇلىنىڭ %19 (403 كىلوگرام - مو) ئاشقانلىقى، سۇنىڭ %42 (250 كۇب مېتىر - مو) تېجەپ قېلىنغانلىقى مەلۇم بولدى.

3 يىلدا 10 مىڭ مو سۇ ئامبىرىدا بېلىق بېقىپ، مو بېشى مەھسۇلاتىنى 300 كىلوگرامغا يەتكۈزۈش، كىرىمىنى ھەر يىلى يېڭىدىن 3 مىليون يۈەن ئاشۇرۇش مەزمۇن قىلىنغان سۇ ئامبىرى باقمىچىلىقىدا يۇقىرى مەھسۇلات يارىتىش قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلدى. 1999 - يىلى 10 مىڭ مو سۇ ئامبىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 2660 توننىغا، مو بېشى مەھسۇلاتى 266 كىلوگرامغا، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 16 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 5 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈلدى.

4. نەسىللىك چارۋا كىرگۈزۈلۈپ، ئۆزگىچە چارۋىچىلىق زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇلدى.

نەسىللىك چارۋىلار ۋە تۆرەلمىلەر كىرگۈزۈلۈپ، يەرلىك كالىلارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش قەدىمىنى تېزلىتىش تۈرى بويىچە توققۇزتارا، كۈنەس قاتارلىق ناھىيىلەردە 7000 تۇياقتىن كۆپرەك يەرلىك كالا تەكشۈرۈلدى، 397 تۇياق كالىغا تۆرەلمە كۆچۈرۈلۈپ، بوغاز بولۇش نىسبىتى %44.6كە يەتكۈزۈلدى؛ گۆش ئېلىنىدىغان 2 تۇياق نەسىللىك بۇقا سېتىۋېلىندى ۋە بۇ بۇقىلار بىلەن 80 نەچچە تۇياق ئىنەك ئۇرۇقلاندۇرۇلدى.

توققۇزتارا ناھىيىسىنىڭ 50 مىڭ تۇياق تاۋار گۆش كالىسى بازىسى قۇرۇلۇشى تۈرىدە، مەزكۇر ناھىيە 5 - نومۇرلۇق كېسەلنىڭ ئېغىر تەسىرىگە ئۇچرىغان ئەھۋالدىمۇ 33 مىڭ 400 تۇياق كالا نەسلى ياخشىلاندى ۋە ئۇرۇقلاندۇرۇلدى، بوغاز بولۇش نىسبىتى %76كە يەتتى. شۇنىڭدەك يېڭىدىن 33 ئۇرۇقلاندۇرۇش پونكىتى قۇرۇلدى، بۇ تۈر يولغا قويۇلغان رايوننىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتىكى ئىقتىسادىي زېمىنىنىڭ ئورنى تولدۇرۇۋېلىندى.

بۇغىلارنى كۆندۈرۈش - بېقىش ئۈنىۋېرسال تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش - قوللىنىش تۈرىدە 1999 - يىلى 698 تۇياق بۇغا ئۇرۇقلاندۇرۇلدى ھەم 1500 تۇياق بۇغىنىڭ مۈڭگۈزىنى كۆپەيتىش تېخنىكىسى تاماملاندى. جەمئىي 10 مىڭ 245 كىلوگرام (ھۆل ئېغىرلىقى) مۈڭگۈز ئېلىنىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 846 كىلوگرام ئاشۇرۇلدى، يەنى تۇياق بېشىدىن 564 گرام ئاشۇرۇلدى.

5. يېڭى سورتلارنى كىرگۈزۈش ۋە ئۇرۇقچىلىق قۇرۇلۇشى چىڭ تۇتۇلدى.

ئالاھىدە كۆكتات سورتلىرى كىرگۈزۈلدى ۋە يېتىشتۈرۈلدى، 1999 - يىلى 5 خىل كۆكتات سورتى كىرگۈزۈلۈپ، 0.7 گېكتار پارنىكتا تېرىلىپ، ھەر مو يەردىن 3000 يۈەنچە كىرىم قىلىندى؛ 6.7 گېكتار ئېتىزغا تېرىلىپ، مو بېشىدىن 1000 يۈەنچە كىرىم قىلىندى.

ئالاھىدە سۇ مەھسۇلاتلىرى تۈرى بويىچە كالىفورنىيە ئوكۇن بېلىقى، ئۇنى بېلىقى، كۆلچەك راكى، ياپونىيە كۆلچەك راكى، تومباش بېلىق، ئامېرىكا كالاچ ئېغىز ئەگلەك بېلىقى، ئامېرىكا پاقىسى، جۇڭگو ئۇكلۇك تاشپاقىسىمان راكى قاتارلىق 8 يېڭى سورت كىرگۈزۈلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە كۆلچەك راكى 1999 - يىلى بىر گېكتار يەردە بېقىلىپ، 986 كىلوگرام راك ئېلىندى، مو بېشى مەھسۇلاتى 66 كىلوگرامغا، مو بېشى كىرىمى 3000 يۈەندىن كۆپرەككە يەتتى.

دەسلەپكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، 1999 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق نازارەت - ئىدارىلەر ۋە تۈرلەرنى زىممىسىگە ئالغان ئالاقىدار ئورۇنلار يېزا ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش تۈرلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش يۈزىسىدىن تەشكىللىگەن 2000دىن كۆپرەك كىشى ۋىلايەت، ناھىيە، يېزىلاردىكى 20 مىڭغا يېقىن پەن - تېخنىكا خادىمىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلىدىغان تۈرلەرنى يولغا قويۇشىغا ھەمكارلاشقان ۋە يېتەكچىلىك قىلغان. 1999 - يىلى يېزا ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش تۈرلىرىنىڭ بىۋاستە ئىقتىسادىي ئۈنۈمى 500 مىليون يۈەندىن كۆپرەككە، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ يېزا ئىقتىسادىنى ئاشۇرۇشقا تۆھپە قوشۇش نىسبىتى %45تىن كۆپرەككە يەتكەن. 1999 - يىلى تۈرلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى جەريانىدا 5000 قېتىمدىن كۆپرەك ھەر خىل كۇرس ئېچىلىپ، 900 مىڭ ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى، 800 مىڭ پارچىدىن كۆپرەك تېخنىكا ماتېرىيالى تارقىتىلدى.

ليۇ جىمىڭ

## ۋىلايەت، ناھىيىلەرنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش خىزمىتى

1. «ئىككى نىشانلىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمى» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. 1999 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى بىرلىكتە «ناھىيە (شەھەر، رايون) پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە نىشانلىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى، ش ئۇ ئا ر شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى «ئاپتونوم رايون بويىچە ناھىيە (شەھەر، رايون)نى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش بويىچە نىشانلىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. بۇ 2 مۇھىم ھۆججەت ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)، ناھىيە (شەھەر، رايون) لەردىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك دىققەت - ئېتىبارىغا ئېرىشتى. ۋىلايەت، ناھىيىلەرنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش خىزمىتىنى تېخىمۇ ئېنىق نىشانغا ئىگە قىلدى، تېخىمۇ ئۈنۈمگە ئېرىشتۈردى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى ۋە ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار خادىملىرى 11 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ 4 - كۈنىگىچە بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، ئىلى ۋىلايىتى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى 7 ناھىيە (شەھەر) گە بېرىپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى پەن - تېخنىكا نىشانلىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى تەكشۈردى، تەكشۈرۈش ئارقىلىق، كۆپلىگەن ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ مۇناسىپ يولغا قويۇش چارىلىرىنى تۈزۈپ چىققانلىقى، ئايرىم ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئەزالىرىغا يىللىق نىشانلىق مەسئۇلىيەتنامە بەلگىلەپ بەرگەنلىكى مەلۇم بولدى.

2. ئاپتونوم رايون بويىچە پەن - تېخنىكا خىزمىتىدە مەملىكەتلىك ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بولۇشقا ئۆزىنى مەلۇم قىلغان ئورۇنلارنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتى تاماملاندى. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىن بورتالا، شىخو، ئاقسۇ، چەرچەن، قۇتۇبى، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ تىيانشان رايونى، بۈگۈر، باغراش قاتارلىق 8 ناھىيە (شەھەر، رايون) پەن - تېخنىكا خىزمىتى بويىچە مەملىكەتلىك ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بولۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى ھەم تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئىلتىماسى سۇندى. ش ئۇ ئا ر شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرى ۋە مۇتەخەسسىسلەرنى تەشكىللەپ يۇقىرىدىكى ناھىيە (شەھەر، رايون) لەرنى باھالاپ، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى ھەم ئۇلارنى پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكىگە مەلۇم قىلدى، نەتىجىدە بۇ ناھىيە (شەھەر، رايون) لەرگە «پەن - تېخنىكا خىزمىتى بويىچە مەملىكەتلىك ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون)» دېگەن نام بېرىلدى. 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايوندا پەن - تېخنىكا خىزمىتى بويىچە مەملىكەتلىك ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) 20 گە يەتتى.

3. ئاپتونوم رايون بويىچە شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشتىكى ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. شىنجاڭنى

پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش رەھبەرلىك ئىشخانىسى ھادىسىلارنى تەشكىللەپ، ئاپتونوم رايون بويىچە شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشتە ئىلغار بولغان ناھىيە (شەھەر، رايون) لەرنى تەكشۈرۈپ، ساقلانغان مەسىلىلەرنى كۆرسىتىپ بەردى ۋە ئۇلاردىن بۇ مەسىلىلەرنى تېزدىن تۈگىتىشنى تەلەپ قىلدى؛ ئاپتونوم رايون بويىچە شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشتە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بولۇش يۈزىسىدىن ئۆزىنى مەلۇم قىلغان قەشقەر يېڭىشەھەر، خوتەن، ئاۋات، كۈنەس، كۆكتوقاي قاتارلىق 5 ناھىيە (شەھەر) ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ تۇدۇڭخابا رايونىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى، 5 ناھىيە (شەھەر، رايون) ، «ئاپتونوم رايون بويىچە شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشتىكى ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) » دېگەن نامغا ئېرىشتى. 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە 19 ناھىيە (شەھەر، رايون) ئاپتونوم رايون بويىچە شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشتىكى ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) دېگەن نامغا ئېرىشتى. ناھىيە (شەھەر، رايون) رەھبەرلىرى، ناھىيىلىك (شەھەرلىك، رايونلۇق) پەن - تېخنىكا كومىتېتى مۇدىرلىرىدىن 69 كىشى «ئاپتونوم رايوننىڭ شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشكە تۆھپە قوشۇش مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى.

4. تەربىيىلەش ۋە تەكشۈرۈش - ئۆگىنىشكە تەشكىللەش خىزمەتلىرى ئىشلەندى. ش ئۇ ئا ر شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش رەھبەرلىك ئىشخانىسى ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، كادىرلار نازارىتىگە ماسلىشىپ، پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل 16 نەپەر مۇئەۋۋەر مۇئاۋىن ھاكىم (مۇئاۋىن شەھەر - رايون باشلىقى) نى تەقدىرلىدى ۋە مۇكاپاتلىدى، 12 تارماقتا پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىم (مۇئاۋىن شەھەر - رايون باشلىقى) تاللاپ ئەۋەتىش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن دەپ، 6 ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) كە پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەھبەر قويۇش خىزمىتىدىكى ئىلغار ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) دەپ نام بەردى؛ پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىم (مۇئاۋىن شەھەر - رايون باشلىقى) لىق ۋەزىپىسىگە ئولتۇرۇش ئالدىدا تۇرغان 64 كىشىنى تەربىيىلىدى؛ ۋىلايەتلىك (ئوبلاستلىق، شەھەرلىك) ، ناھىيىلىك (شەھەرلىك، رايونلۇق) پەن - تېخنىكا كومىتېتلىرىنىڭ مۇدىرلىرىنى 2 تۈركۈمگە بۆلۈپ ئىچكى ئۆلكىلەرگە تەكشۈرۈش، ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى.

زەي شاۋمىن

## ساھەلەرنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش خىزمىتى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون «ئاپتونوم رايوننىڭ شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشتىكى ئىلغار ئورۇن (نازارەت، ئىدارە) ئۆلچىمى» نى تۈزۈپ چىقىپ، رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ساھەلەرنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىش دەرىجىسى، پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئەھۋالى، ساھەلەرنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشكە دائىر سىياسەت، تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقىش، يېڭى تېخنىكىلارنى ئومۇملاشتۇرۇش، يېڭى مەھسۇلات يارىتىش، پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشتا قوللىنىش، كارخانىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ۋە كەسپىلەشتۈرۈش خىزمىتى، پەن - تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا مەبلەغ سېلىش، پەن - تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش خىزمىتى ئەھۋالى قاتارلىق 6 جەھەتتىن ساھەلەرنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش خىزمىتىنى تەكشۈرۈشكە دائىر 21 تۈرلۈك كۆرسەتكۈچنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ «ئۆلچەم» نىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ساھەلەرنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش خىزمىتىگە يەنىمۇ تۈرتكە بولدى ھەم بۇ خىزمەتنى كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتۈردى.

يېزا ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش خىزمىتى ئېرىقچىلىق جەھەتتە، 1999 - يىلى 19 تۈرلۈك يارامىلىق تېخنىكا ئومۇملاشتۇرۇلدى، بۇ تۈرلەر ئومۇملاشتۇرۇلغان ئاساسلىق دېھقانچىلىق زىرائەتتى كۆلىمى 5 مىليون 333 مىڭ 300 گېكتار (قېتىم) غا يەتتى. بۇ تۈرلەرنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشى ئاپتونوم رايون مىقياسىدا ئېسىل سورتلارنى يېتىشتۈرۈش، يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش تېخنىكىسى قاتارلىق يارامىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئومۇملاشتۇرۇلۇشى ۋە قوللىنىلىشىغا تۈرتكە بولدى. ئورمانچىلىق جەھەتتە «ئورمانچىلىقنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش» نىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، ئىلگىرى قۇرۇلغان «ئورمانچىلىقنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش» خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىدىن باشقا، ساھە - سىستېمىلار دائىرىسىدە يەنە قىسمەن ۋىلايەتلىك (ئوبلاستلىق، شەھەرلىك) ئورمانچىلىق ئىدارىلىرى پەن - تېخنىكا رەھبەرلىك ئاپپاراتى ۋە ماسلاشتۇرۇش ئاپپاراتى قۇردى. «ئورمانچىلىق نازارىتىنىڭ ئاپتونوم رايون بويىچە ئورمانچىلىقنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش توغرىسىدىكى قوشۇمچە تەدبىرى» ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئىلمىي تەتقىقات ئاپپاراتلىرى، كارخانا تۈزۈمى، ئىلمىي تەتقىقات بازىسى، ئىختىساسلىقلار بايلىقى جەھەتلەردە يېڭىلىق يارىتىش ۋە ئۇچۇر قۇرۇلۇشى قاتارلىق جەھەتلەردىن «ئورمانچىلىقنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش»

خىزمىتىگە دائىر كونكرېت تەدبىرلەر بەلگىلەندى، ئورمانچىلىق پەن - تېخنىكىسى سېلىنمىسى ئىلگىرىكى يىللاردىكىدىن كۆرۈنەرلىك كۆپەيتىلدى. چارۋىچىلىق جەھەتتە دېھقان - چارۋىچىلارنى پەن - تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش ۋە پەن - تېخنىكا خادىملىرىنى داۋاملىق تەربىيىلەش ئۇقتىلىق تۇتۇلدى، چارۋىچىلىق تېخنىكىسى بويىچە ئۈنۈملۈك ئۈلگە كۆرسىتىش قانات يايدۇرۇلدى. زىرائەت شاخ - شۇمبىلىرىدىن پايدىلىنىش، ئوت - چۆپلەرنى چارۋىلارغا توغراپ بېرىش، نەسىل ياخشىلاش قاتارلىق ياراملىق تېخنىكىلار ئومۇملاشتۇرۇلدى. چارۋىچىلىق كىرىمىنىڭ دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى %16كە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 4 پىرسەنت پونكىتى كۆپەيدى. تېرىقچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىك، يېشىلاپ ئىشلەش قاتارلىق جەھەتلەردە ماشىنىلاشتۇرۇش، پەن - تېخنىكا ئۆزلەشتۈرۈش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش ئىشلىرى قانات يايدۇرۇلدى، پەن - تېخنىكا سېلىنمىسى 1999 - يىلدىكىدىن %26 كۆپەيتىلدى.

سانائەتنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش خىزمىتى 1999 - يىلى ئىچكى - تاشقى بازاردا رىقابەت كۈچىگە ئىگە 142 خىل يېڭى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىلدى، كەسىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە چوڭ تەسىر كۆرسىتىدىغان 36 تۈرلۈك يېڭى تېخنىكا كەشىپ قىلىندى، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە 8 مىليارد 300 مىليون يۈەن مەبلەغ سەرپ قىلىندى، كارخانا تېخنىكا كەشىپ قىلىش ئاپپاراتىدىن 30ى قۇرۇلدى (بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىكى 6)، 15 خىل داڭلىق مەھسۇلات (جەمئىي 108) يېتىشتۈرۈلدى.

پەن - تېخنىكا يېتەكچى قىلىنىپ، قېزىلما بايلىقلار تەكشۈرۈلدى ۋە ئېچىلدى. گېئولوگىيىلىك كان ئىزدەشتە يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى، يەنىمۇ تەكشۈرۈشكە ئەرزىيدىغان قېزىلما بايلىق ئورنىدىن 8 ى بايقالدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالتۇن كېنى 4، مىس كېنى بىر، تۇز كېنى بىر، تۆمۈر كېنى بىر.

1999 - يىلى كەسىپ - ساھەلەردە پەن - تېخنىكا تەشۋىقاتى كۈچەيتىلدى، شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش بويىچە لېكتورلار ئۆمەكلىرى تەشكىل قىلىندى، بۇ ئۆمەكلەر سانائەت، دورىگەرلىك، سەھىيە ساھەلىرىگە بېرىپ پەن - تېخنىكا لېكسىيىسى سۆزلەپ، ياخشى باھاغا ئېرىشتى.

خۇاڭ جيەن

## شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش تۈرلىرى پىلانى ئورۇنلاشتۇرۇلدى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش پىلانى 2 تۈركۈم بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش تۈرلىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان خىراجەت 3 مىليون 855 مىڭ يۈەن، ئىلتىماس قىلىنغان پەن - تېخنىكا قەرز پۇلى 38 مىليون 150 مىڭ يۈەن، تۈرلەرنى ئۈستىگە ئالغان ئورۇنلار ئۆزى ھەل قىلىدىغىنى 48 مىليون 150 مىڭ يۈەن.

لى يۈكاڭ

# پەن - تېخنىكا پىلانى

## پەن - تېخنىكا تەتقىقاتى پىلانى تۈزۈپ چىقىلدى ۋە يولغا قويۇلدى

1. پەن - تېخنىكا پىلانى تۈزۈپ چىقىلدى. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز پەن - تېخنىكا تەتقىقاتى پىلانىدا 172 تۈر ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭغا شۇ يىلى 10 مىليون يۈەن (تۈرلەرنى باھالاش - تەكشۈرۈشكە كېتىدىغان 80 مىڭ يۈەن خىراجەتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئاجرىتىلدى. پىلاندا ئورۇنلاشتۇرۇلغان پەن - تېخنىكا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش تۈرى 96 بولۇپ، بۇنىڭغا 7 مىليون 650 مىڭ يۈەن ئاجرىتىلدى؛ تەبىئىي پەنلەر فوندى تۈرى 33 بولۇپ، بۇنىڭغا 800 مىڭ يۈەن ئاجرىتىلدى؛ پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تۈرى 11 بولۇپ، بۇنىڭغا 350 مىڭ يۈەن ئاجرىتىلدى؛ يۇمشاق پەنلەر تۈرى 30 بولۇپ، بۇنىڭغا 470 مىڭ يۈەن ئاجرىتىلدى؛ باشقا تۈرلەر 2 بولۇپ، بۇنىڭغا 650 مىڭ يۈەن ئاجرىتىلدى.

2. پەن - تېخنىكا پىلانىدىكى تۈرلەر يولغا قويۇلدى. 1999 - يىلى پىلان بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇشقا تېگىشلىك تۈر 48 ئىدى، ئەمەلىيەتتە 28 تۈر تاماملىنىپ، تاماملىنىش نىسبىتى %33. 58بولدى. مۇشۇ بىر يىلدا 58 تۈر تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە پەن - تېخنىكا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش تۈرى 20، تەبىئىي پەنلەر فوندى تۈرى 23، پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تۈرى 3، يۇمشاق پەن تۈرى 12.

(1) دېھقانچىلىق پەن - تېخنىكىسىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجە قازىنىلدى، 1999 - يىلى 36 تۈرلۈك دېھقانچىلىق ئىلمىي تەتقىقات تۈرىنى ئورۇنداش پىلانلانغان، ئەمەلىيەتتە 7 سى ئورۇندالدى.

دۆلەتنىڭ مۇھىم پەن - تېخنىكا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش تۈرى — «كېيۈەزدىن كەلگەن كۆلەمدە يۇقىرى ھوسۇل ئېلىشنىڭ ئۈنۈملۈك يۈرۈشلەشكەن تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش» تۈرى 1999 - يىلى تېخنىكا جەھەتتىن

ئومۇمىيۈزلۈك تەرتىپكە سېلىش، ئۈلگە كۆرسىتىش باسقۇچىغا قەدەم قويدى ھەم كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم بەردى.

«ئاشلىق ھوسۇلى يۇقىرى، سۈپەتلىك، ئۈنۈملۈك بولۇش ئۈنىۋېرسال تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۇنى ئۈزلەشتۈرۈش» تۈرى ئاپتونوم رايوننىڭ 9 - بەش يىللىق پىلانىدىكى مۇھىم پەن - تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تۈرى ئىدى. 1999 - يىلى بۇ تۈرگە مۇناسىۋەتلىك ئومۇمىي يەر كۆلىمى 794 مىڭ گېكتار بولۇپ، مو بېشىدىن 421 كىلوگرام ھوسۇل ئېلىندى، 10 مىليون مو يەردىكى ئاشلىق زىرائىتىنىڭ ھەرموسىدىن 400 كىلوگرام ھوسۇل ئېلىش نىشانى مۇددەتتىن بىر يىل ئىلگىرى ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

«يەنجى رايونىدا شېكەر تەركىبى تۆۋەن قىزىلچىنى ئۆزگەرتىش ۋە ئۇنۇمىنى ئۇدا ئۆستۈرۈش ئۈنىۋېرسال تېخنىكىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات» تۈرىدە يەرنى چوڭقۇر ھەيدەپ قاتلامغا بۆلۈپ ئوغۇتلاش، سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىش قاتارلىق ئۈنىۋېرسال تېخنىكىلارنى قوللىنىش ئارقىلىق، يەنجى رايونىدا قىزىلچىنىڭ مو بېشى ھوسۇلى 3.5 تونىغا يېتىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇمىي مو بېشى ھوسۇلىدىن 29.1% يۇقىرى بولدى، قىزىلچىنىڭ شېكەر نىسبىتى 16.1% كە يەتتى.

«سورتلۇق بادام يېتىشتۈرۈش ۋە تۇجۇپىلەپ يېتىشتۈرۈش ئۈستىدىكى تەتقىقات» تۈرىدە ئۆتكەن 2 يىلدا سىرتتىن كىرگۈزۈش ۋە سىناق قىلىش ئاساسىدا 7 يېڭى سورت يېتىشتۈرۈپ چىقىلدى.

«مول ھوسۇللۇق، پاكار ئۆسىدىغان شىنجاڭ چىلگە ياڭىقى سورتىنى يېتىشتۈرۈش ئۈستىدىكى تەتقىقات» تۈرىدە 1998 - يىلى بىر جىنسلىق كۆپەيتىش سىنىقىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن 186 تۈپ ياڭاق 1999 - يىلى تىكىلىپ، غولى ئېگىز، بىر جىنسلىق كۆپىيىدىغان، ئىنتايىن قىسمەتلىك 32 تۈپ كۆچەت ئېلىندى ھەمدە ئوبدان ئۆستى.

«گۈلچېچەك كېسەللىكىنىڭ ئۈنىۋېرسال ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىش تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات ھەم ئۈلگە كۆرسىتىش» تۈرىدە كېسەللىك باكتېرىيىلىرىنى ئايرىپ تاللاش ئىشى ئىشلەندى ھەم كېسەللىكنىڭ مەنبەسى ۋە تارقىلىش قانۇنىيىتىگە ئاساسەن ئۇرۇقنى دورىلاپ تېرىش، تۇپراققا دورا چېچىش، نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش، شۇدىگەر قىلىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق، كېسەللىكنىڭ يۇز بېرىشى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەندى.

«يېڭى نوقۇت سورتى يېتىشتۈرۈش ئۈستىدىكى تەتقىقات» تۈرىدە 1999 - يىلى 28 ماتېرىيال تەجرىبە قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 14 ماتېرىيالنىڭ بەك بالدۇر پىشىشتەك ئالاھىدىلىكى مەلۇم بولدى، سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىش نەتىجىسىدە ھەر 100 تال نوقۇتنىڭ ئېغىرلىقى كۆرۈنەرلىك ئاشتى، شاخلىنىشچانلىقى كۈچەيدى، ئاساسىي غولى چوڭايدى، كېسەللىككە چىداشچانلىقى كۈچەيدى، ھوسۇلى 11% تىن 16% كىچە ئاشتى.

«يېڭى ياغلىق دان زىرائىتى سورتىنى يېتىشتۈرۈش» تۈرىدە چېچەكلىك ئاساس، دېنى قوشۇمچە قىلىنىدىغان «958055» نامىلىق ۋە دېنى ئاساس، چېچىكى قوشۇمچە قىلىنىدىغان «954017» نامىلىق 2 يېڭى زاراڭزا سورتى يېتىشتۈرۈلدى. يېڭىدىن يېتىشتۈرۈلگەن ياغ ئېلىنىدىغان «شىنجاڭ شالغۇت ئاپتاپپەرەسى — 7» نامىلىق يېڭى ئاپتاپپەرەس سورتى باھالاپ بېكىتىشتىن ئۆتتى، 1998 — 1999 - يىلى ئوتتۇرىچە مو بېشىدىن 256.75 كىلوگرام گازىر، 126.39 كىلوگرام ياغ ئېلىندى، گازىرنىڭ ياغ چىقىش نىسبىتى 49.18% بولدى.

«جۇڭگو مېرىنوس قويى (شىنجاڭ تىپى) يېڭى نەسلىنى يېتىشتۈرۈشنىڭ 2 - باسقۇچى — يېڭى نەسل سىستېمىسى بەرپا قىلىش» تۈرىدە 1999 - يىلى 6 ساغلىق نەسىل سىستېمىسى ھاسىل قىلىندى، يۇڭ سۈپىتى ياخشىلاندى، ساپ يۇڭ مىقدارى 3.7 كىلوگرامدىن ئاشتى. «يۇقىرى تېخنىكىدىن پايدىلىنىپ نەسىللىك ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي يېتىشتۈرۈش» تۈرىدە تۆرەلمە كۆچۈرۈش، قورساق بوشلۇقى ئەينىكىدىن پايدىلىنىپ ئۇرۇقلاندۇرۇش قاتارلىق يېڭى تېخنىكىلارنى قوللىنىپ، نەسىللىك ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي يېتىشتۈرۈش قەدىمى تېزلىتىلدى، 1590 تۇياق نەسىللىك ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي يېتىشتۈرۈلدى، بۇنىڭدىن قوتاندا قالغىنى 1015 تۇياق. بۇ قويلارنىڭ جاڭىغا يۇڭى ناھايىتى سۈپەتلىك بولدى.

«تۇبېركۇليۇز تاياقچە باكتېرىيىسى PCR دىئاگنوز سىناق دورىلىرىنىڭ ئۈنۈمىنى سېلىشتۇرۇش ئۈستىدىكى تەتقىقات» تۈرىدە 1999 - يىلى PSR دىئاگنوز سىناق دورىلىرىنىڭ ياخشىسىنى تاللاش خىزمىتى تولۇق تاماملاندى، نەتىجىدە مۇسبەتلىك جەھەتتىن مۇۋاپىقلىقى 93% — 95%، سەزگۈرلۈكى 100%، ئۆزگىچىلىكى 55% بولدى.

«ئىنەك تېنىدىن تۇخۇم ھۈجەيرىسى ئېلىپ، بەدەن سىرتىدا ئۇرۇقلاندۇرۇش ئۈستىدىكى تەتقىقات» تۈرىدە، گوللاندىيىدىن ئۇسكۇنە كىرگۈزۈلۈپ، ئۇرۇمچى نەسىللىك كالا فېرمىسىدا 25 تۇياق نەسىللىك ئىنەكتىن تۇخۇم ئېلىش سىنىقى ئىشلەندى. 1999 - يىلى 68 دانە كالا تۆرەلمىسى توڭلىتىلدى، ئىنەكتىن تۇخۇم ھۈجەيرىسى ئېلىش، بەدەن سىرتىدا تۆرەلمە يېتىشتۈرۈشنىڭ مەشغۇلات قائىدىسى تاماملاندى.

«ئۆي چارۋىلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان سالجا دورىلىرىنىڭ

ئونۇمىنى سىناش ئۈستىدىكى تەتقىقات» تۈرىدە 11 خىل دورا، رېتسېپ 23 قوي پادىسى (3580 تۇياق) غا ئىشلىتىلىپ، سېلىشتۇرما تەجرىبە قىلىندى ۋە سالجا يوقىتىش ئۈنۈمى 98%كە، ئۈنۈم بېرىش ۋاقتى 95كۈنگە يېتىدىغان دورا ۋە رېتسېپ تاللاپ چىقىلدى.

ئاتلاردا بولىدىغان قاپارتقۇ ۋىرۇسى (Ⅳ/1 تىپلىق) غا دىئاگنوز قويۇش ئۇسۇلىنى سېلىشتۇرۇش ئۈستىدىكى تەتقىقات ۋە قان زەردابشۇناسلىقى ئۈستىدىكى تەتقىقات» تۈرىدە 567 نۇسخا قان زەردابى ئېلىندى، 5000 مىللىلىتىر ۋىرۇس كۆپەيتىلدى، ئات قاپارتقۇ ۋىرۇسىغا PCR دىئاگنوز قويۇش ئۇسۇلى يارىتىلدى، EHV (Ⅴ/1 تىپلىق) فېرمېنتىنى كەسمە خەرىتىلىك تەھلىل قىلىش ئىشى تاماملاندى ھەمدە ئاجرىتىپ ئېلىنغان زەھەرگە ئات قاپارتقۇ «ۋىرۇسى — 1» تىپلىق ۋىرۇس، دەپ دىئاگنوز قويۇلدى.

(2) سانائەتنىڭ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى تېخىمۇ كۈچەيدى. 1999 - يىلى سانائەت پەن - تېخنىكىسىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە 37 تۈرنى ئىجرا قىلىش پىلانلانغانىدى، ئەمەلىيەتتە 13 تۈر تاماملاندى.

«4MZ—2» تىپلىق ئاپتوماتىك پاختا تېرىش ماشىنىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات تۈرىدە 3 دانە 2، 3 قۇرلۇق ئاپتوماتىك پاختا تېرىش ماشىنىسىنى لايىھىلەش، سىناق تەرىقىسىدە ياساش، سىناق قىلىش، تەكشۈرۈش - ئۆلچەش، ئاز مىقداردا ئىشلەپچىقىرىشقا يېتەكچىلىك قىلىدىغان بىر يۈرۈش ھۈنەر - سەنئەت، چېرتيوژ، قۇراشتۇرۇش لايىھىسىنى تەييارلاش، ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىشلىتىشتە قوللىنىلىدىغان پاختا تېرىش، تازىلاش ھۈنەر - سەنئىتى، قانۇندا بەلگىلەنگەن تارماقلار تەستىقلىغان چىڭىتلىك پاختىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۆلچىمى ۋە كېۋەزلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇشتا ئىشلىتىلىدىغان يۈرۈشلەشكەن ماشىنا - سايمانلار تىپىنى تاللاش لايىھىسى قاتارلىق خىزمەتلەر 1999 - يىل 3 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن ئىلگىرى ئورۇندىلىپ بولدى. ھەممە ئەۋرىشكە ماشىنىلارنىڭ تېخنىكىلىق كۆرسەتكۈچلىرى ۋە ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلىرىنىڭ ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باھالاش پونكىتىنىڭ تەكشۈرۈشى ۋە ئۆلچىشى ئارقىلىق توختامدىكى تەلەپلەرگە يەتكەنلىكى مەلۇم بولدى.

«600 كىلوۋاتلىق شامال گېنېراتور گورۇپپىسىنى ئۆزىمىزدە ئىشلەپچىقىرىش ئۈستىدىكى تەتقىقات» تۈرىدە، 1999 - يىلى ئۆزىمىزدە ئىشلەپچىقىرىش نىسبىتى 72%كە يەتكەن 3 ئەۋرىشكە گېنېراتور ۋە ئۆزىمىزدە ئىشلەپچىقىرىش نىسبىتى 78%كە يەتكەن بىر ئەۋرىشكە گېنېراتورنى سىناق تەرىقىسىدە ياساش ۋە قۇراشتۇرۇش ۋەزىپىسى ئورۇندالدى ھەم ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. بۇ شۇ يىلى 12 - ئايدا پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكى ۋە ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى.

شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور پاي چەكلىك شىركىتى ئۈستىگە ئالغان «220 مىڭ كىلوۋولتلىق چوڭ ئېلېكتر ترانسفورماتورى» تۈرى مەملىكەت ئىچىدە ئاساسىي ئېلېكتر تورىدا ئىشلىتىلىدىغان چوڭ ھەم مۇھىم ئۈسكۈنە ئىدى. ئۇنىڭ سۈپىتى دۆلەتنىڭ 1 - دەرىجىلىك مەھسۇلات ئۆلچىمىگە يەتتى. بۇ مەھسۇلات 1999 - يىل 5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى دۆلەت ماشىنىسازلىق ئىدارىسى، دۆلەت ئېلېكتر سانائىتى باش شىركىتىنىڭ باھالىشىدىن ئۆتۈپ، دۆلىتىمىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقىنى تولدۇردى.

«تېز يۈرۈشكە چىدامىلىق 20 — 10/11 تىپلىق ئېغىر ئاپتوموبىللارغا ئىشلىتىلىدىغان قىيپاش گۈللۈك بالون» تۈرى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، بالوننىڭ تۈرلۈك كۆرسەتكۈچى ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش پىلانىدىكى كۆرسەتكۈچلەردىن ئېشىپ كەتتى، 20 — 10/11 تىپلىق بالون مەملىكەت بويىچە ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى. لايىھىنى ياخشىلىغاندىن كېيىن 20 — 10 بالوننىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىلىش مىقدارى 100 مىڭ يۈرۈشكە، 20 — 11 تىپلىق بالوننىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىلىش مىقدارى 25 مىڭ يۈرۈشكە يەتتى، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 126 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 25 مىليون 730 مىڭ يۈەن باج، پايدا يارىتىلدى.

شىنجاڭ پولات - تۆمۈر تەتقىقات ئورنى، «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى تۆمۈر زاۋۇتى ۋە كارخانا تېخنىكا مەركىزى بىرلىكتە زىممىسىگە ئالغان «تۆۋەن كاربون - تۆۋەن كرېمنىيلىق سوغۇق سوزۇپ ئىشلىتىلىدىغان پولاتنى ئۈزۈلدۈرمەي قۇيۇش تېخنىكىسىنى ئۆزلەشتۈرۈش» تۈرىدە توختامدىكى تەلەپ ئورۇندالدى ۋە كۆزلەنگەن ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. تۆۋەن كاربونلۇق - تۆۋەن كرېمنىيلىق سوغۇق سوزۇپ ئىشلىتىلىدىغان پولاتنى ئۈزۈلدۈرمەي قۇيۇش تولۇق ئىشقا ئاشۇرۇلدى، بۇ مەھسۇلاتنىڭ تۈرلۈك كۆرسەتكۈچى دۆلەتنىڭ ئۆلچىمىگە يەتتى ياكى ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتتى.

«تەڭشىگىلى بولىدىغان، ئېنېرگىيە ئاز كېتىدىغان ماي تارتىش ماشىنىسى» شىنجاڭ 3 - ئىستانوك زاۋۇتى مۇستەقىل تەتقىق قىلىپ ياسىغان، ئېنېرگىيە ئاز كېتىدىغان يېڭىچە ماي تارتىش ماشىنىسى بولۇپ، ھەرىكەتتىكى مۇۋازىنەتلىك نىسبىتى 90%تىن ئاشىدۇ، ئادەتتىكى ماشىنىلارغا قارىغاندا ئېنېرگىيە تېجەش نىسبىتى 30% تىن كۆپرەك. 1999 - يىلى 3 — 4 - ئايلاردا جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز گورۇھى شىركىتىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى پۈتۈن مەملىكەتتىكى نېفىتلىكلەر ئىشلىتىۋاتقان ماي تارتىش ماشىنىلىرىنى

تەكشۈرگەندە تەڭشىگىلى بولىدىغان مۇنداق ماي تارتىش ماشىنىسىنى نۆۋەتتە مەملىكەت بويىچە ئەڭ ياخشى ماشىنا ئىكەن، تېخنىكىلىق سەۋىيىسى مەملىكەت بويىچە ئىلغار سەۋىيىگە يېتىپتۇ، دەپ قارىدى.

«CAD تېخنىكىسىنى ئۆزلەشتۈرۈش ۋە قوللىنىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش» تۈرىدە كارخانىلارغا مۇلازىملىق قىلىش، CAD تېخنىكىسىنى قوللىنىش دائىرىسىنى كېڭەيتىشنى مەقسەت قىلىپ، شىنجاڭ CAD تېخنىكىسىنى قوللىنىش قۇرۇلۇشى بويىچە تەربىيىلەش تورى بەرپا قىلىندى. CAD تېخنىكىسىنى قوللىنىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىدىغان بىر تۈركۈم كارخانا ۋە زور بىر تۈركۈم ئىختىساسلىق خادىم يېتىشتۈرۈلدى، شىنجاڭنىڭ CAD توقۇمىچىلىق، نېفىت، ماشىنىسازلىق، ئېلېكتر، قۇرۇلۇش قاتارلىق ئۇستۇنلۇككە ئىگە كەسىپلىرى مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، CAD تېخنىكىسىنى ئومۇميۈزلۈك قوللىنىشتا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىلدى.

(3) ئىجتىمائىي تەرەققىيات ساھەسى تەتقىقاتى تۈرىدە ئىلگىرىلەش ئۇچۇشلۇق بولدى. دۆلەتنىڭ 9 - بەش يىللىق پىلانىدىكى چوڭ پەن - تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تۈرى — «شىنجاڭنىڭ ئۇستۇنلۇككە ئىگە مىتال قېزىلما بايلىقى ۋە چوڭ كان ياتقىسىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشنى تېزلىتىش بويىچە ئۇنىۋېرسال تەتقىقات» تۈرىدە 1999 - يىلى ئورۇندالغان ئاساسلىق ماددىي ئىش مىقدارى تۆۋەندىكىچە: ھەرخىل ماشتابلىق گېئولوگىيىلىك ئۆلچەنگەن كۆلەم 375.5 كۋادرات كىلومېتىر؛ گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈلگەن كەسمە يۈز 155.8 كىلومېتىر؛ خىمىيىلىك تەكشۈرۈلگەن كۆلەم 12 كۋادرات كىلومېتىر؛ فىزىكىلىق تەكشۈرۈلگەن كۆلەم 8 كۋادرات كىلومېتىر؛ فىزىكىلىق تەكشۈرۈلگەن كەسمە يۈز كۆلىمى 77 كىلومېتىر؛ يىغىۋېلىنغان ھەرخىل ئەۋرىشكە 4675 دانە؛ ئوقۇرچىلاپ تەكشۈرۈلگىنى 3138 كۇب مېتىر، ئازگال كولاپ تەكشۈرۈش مېتراژى 319.6 مېتىر، بۇرغىلاپ تەكشۈرۈش مېتراژى 2500 مېتىر. شۇ يىللىق تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ تەتقىقات داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇلغان 7 تۈرنىڭ ھەممىسىدە خېلى ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىم پەن - تېخنىكا تۈرى — «جۇڭگونىڭ غەربىي زېمىنىنى گۈزەللەشتۈرۈش بويىچە پەن - تېخنىكا ھەرىكىتى پىلانى، شىنجاڭ قىسمى ‹1 - سان›» 1999 - يىلى رەسمىي يولغا قويۇلدى، بۇنىڭدا تارىم ئويمانلىقى، تارىم ۋادىسى مۇھىم نۇقتا، چۆللىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش مۇھىم ۋەزىپە قىلىندى. بۇ تۈرنىڭ باش نىشانى شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بىلەن تېخنىكىلىق تەدبىرلەرنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق چۆللىشىشنىڭ داۋاملىق كېڭىيىشىنى پەيدىنپەي توسۇش، تىرىشىپ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاش ھەم ئاخىرقى ھېسابتا ئاپتونوم رايون بويىچە شارائىتى يار بېرىدىغان بوستانلىقلارنىڭ ئەتراپلىرىنى ئومۇميۈزلۈك كۆكەرتىش، مۇقىم ھەم ئۈنۈملۈك بولغان سۇ تېجەش تىپىدىكى ئېكولوگىيىلىك يېزا ئىگىلىكى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت.

«شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى يىراقتىن سېزىش تېخنىكىسىنى قوللىنىپ تەكشۈرۈش ۋە ھەرىكەتلىك كۆزىتىش - ئۆلچەش سىستېمىسى بەرپا قىلىش ئۈستىدىكى تەتقىقات» تۈرىدىكى ھەرخىل مەخسۇس تېمىلارنىڭ ئورۇندىلىشى ئۇچۇشلۇق بولدى. سانلىق مەلۇماتلار ئامبىرىنى ئومۇمىي جەھەتتىن لايىھىلەش ۋە سانلىق مەلۇماتلار لۇغىتى بەرپا قىلىش خىزمىتى تاماملاندى؛ يىراقتىن سېزىشكە دائىر سۈرەت - سىن ماتېرىياللىرى ناھىيىلەر بويىچە بىر تەرەپ قىلىندى، سۈرەت - سىن ماتېرىياللىرى ناھىيىلەر بويىچە باشقۇرۇلۇپ، يىراقتىن سېزىشكە دائىر سۈرەت - سىن ماتېرىياللىرى ئامبىرى دەسلەپكى قەدەمدە قۇرۇلدى؛ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى باھالاش ئۇسۇلى ۋە كۆرسەتكۈچلىرى تاللاپ چىقىلدى؛ 40 يىلدىن بۇيانقى مېتېئورولوگىيە ماتېرىياللىرى توپلاندى ۋە رەتلەپ چىقىلدى، مېتېئورولوگىيە مۇھىم ئامىللىرى ئاساسىي سانلىق مەلۇماتلار ئامبىرى ۋە مېتېئورولوگىيە سۈنئىي ھەمراھىدىن پايدىلىنىپ ئاپەت ئەھۋالىنى كۆزىتىش - ئۆلچەش سىستېمىسى رامكىسى بەرپا قىلىندى.

«قۇرت چۈشۈرىدىغان ۋېرۇسلىقنىڭ ئاق كېپىنەكنى داۋالاشتىكى ئۈنۈملۈك تەركىبى ۋە دورا ئۈنۈمى ئۈستىدىكى تەتقىقات» تۈرىدە قۇرت چۈشۈرگۈچى ۋېرۇسلىقنى تەجرىبىخانىدا ئاجرىتىپ ئېلىش ھۈنەر - سەنئىتى تۈرغۇزۇلدى، ھايۋانات تېنىدىكى جەريانغا بىرلەشتۈرۈپ خېلى ئۈنۈملۈك جايى بايقالدى. شۇنىڭدەك فېرمېنت سىستېمىسى ۋە ھۈجەيرە سەۋىيىسىنى بەدەن سىرتىدا دورا بىلەن تاللاش ئۇسۇلى بەرپا قىلىندى، شۇ ئارقىلىق خىمىيىلىك تەركىبى بىر قەدەر ياخشى ياسالمىلار قولغا كەلتۈرۈلدى، 2 دانە ئۈنۈملۈك يەككە تەنچە دەسلەپكى قەدەمدە بېكىتىلىپ، بۇ خىل دورىنى كەسىپلەشتۈرۈشكە ئاساس سېلىندى.

«شىنجاڭدا چاڭ - توزان ئاپىتىنى كۆزىتىپ ئۆلچەش ۋە ئۇنىڭدىن مەلۇمات بېرىش ئۈستىدىكى تەتقىقات» تۈرىدە ماتېرىيال توپلاش، رەتلەش ۋە تەھلىل قىلىش خىزمەتلىرى ئىشلەندى، ئوتتۇرا تارىم مېتېئورولوگىيە پونكىتىدا ھاۋا بوشلۇقىنى چارلاش، كۆزىتىش - ئۆلچەش سىنىقى تاماملاندى،

چالا - توزان ئاپىتىنى كۆزىتىش ۋە ئۇنىڭدىن مەلۇمات بېرىش مودېلى بەرپا قىلىندى. بۇ تۈردە 12 پارچە ئىلمىي ماقالە يېزىلدى، بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ياش ئىختىساسلىق پەن - تېخنىكا خادىملىرى يېتىشتۈرۈلدى.

«ئۈرۈمچى ئاتموسفېراسىنىڭ بۇلغىنىشىنى تىزگىنلەش ئەمەلىي تېخنىكىسى ۋە تەدبىرلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقات» تا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تېخنىكىلىق لايىھە ئۈرۈمچىدە 300 پارقازنىنى چۇۋۇپ تاشلاش ۋە تورلاشتۇرۇش ھەم 30 مىڭ ئاپتوموبىلدىن چىقىدىغان گازنى تىزگىنلەشنى تېخنىكىلىق ئاساس بىلەن تەمىن ئەتتى.

(4) ئاساسى تەتقىقاتتا يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى، تەكلىماكاننىڭ شىمالىي باغرىدىكى تەتۈر نەم بەلۋاغدا مېۋىلىك دەرەخ چېچەكلىرىنىڭ ئۇششۇپ كېتىشىنى تەتقىق قىلىش» تۈرىدە، 1999 - يىلى ئالما، ئالۇچا، مېغىز ئۈرۈكى چېچەكلىرىنىڭ ئۇششىگەن ئەۋرىشكىلىرى ئېلىندى ۋە دەسلەپكى قەدەمدە سىناق قىلىش ئارقىلىق بىر قەدەر ئۈنۈملۈك ئۇششۇك دورىسى ياساپ چىقىلدى.

«قوغۇن قىروسمان پاختىلىشىش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىش ئۈستىدىكى تەتقىقات» تۈرىدە، 1999 - يىلى سىناق دائىرىسى كېڭەيتىلدى، 2333.33 گېكتار يەردە سىناق قىلىنىپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجە ھاسىل قىلىندى، قوغۇندا بولىدىغان كېسەللىكلەر ۋاقتىدا ئۈنۈملۈك تىزگىنلىنىپ مەھسۇلات زور دەرىجىدە ئاشۇرۇلدى. «شىنجاڭ چامغۇرىنىڭ دورىگەرلىك، ساقلىقنى ساقلاشتىكى قىممىتىنى تەتقىق قىلىش» تۈرىدە چامغۇر سورتىنى يىغىش، تەھلىل قىلىش ۋە سىناق قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئۈنۈملۈك تەركىبلىرى ئاجرىتىپ ئېلىندى.

«شىنجاڭ ئاق كىشمىش ئۈزۈمىنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىشىنى فىزىئولوگىيە جەھەتتىن تەتقىق قىلىش» تۈرىدە ئۈزۈم شىرنىسى تەركىبىدىكى ھورمونلارنىڭ ئۆزگىرىشىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئاق كىشمىش ئۈزۈمنى ئۆزگەندىن كېيىن تۆكۈلۈپ كېتىشكە سەۋەب بولىدىغان ئامىللار مېخانىزمى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىندى، ئۈزۈمنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىشىنى سۇنئىي ئۇسۇلدا تىزگىنلەشنىڭ كىرىتىك مەزگىلى بېكىتىلدى، ئۈزۈمنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىشىنى تىزگىنلەيدىغان دورىنى يەنىمۇ تەتقىق قىلىشقا ئاساس سېلىندى.

«ياڭيۇ Y ۋىرۇسى پوست ئاقسىلىنىڭ پارازىتلارغا يۇقۇش رولى ئۈستىدىكى تەتقىقات» تۈرىدە ئاپتونوم رايونىمىزدا ئاشلىق، كۆكتات، قوغۇن - تاۋۇزلارغا زىيان يەتكۈزىدىغان ئاساسىي ۋىرۇسلارنىڭ كېسەل پەيدا قىلىش مېخانىزمى ۋە ئۇنى تىزگىنلەش ئۇسۇلى ئېچىپ بېرىلدى.

«قىزىل چۈپچىن ئۈنۈملۈك تەركىبىنىڭ يۈرەك قان تومۇرىغا بولغان دورىلىق رولى» ئۈستىدىكى تەتقىقات تۈرىدە، قىزىل چۈپچىن گلۇكوزىدى بايقالدى ھەم سىناق ئارقىلىق ئۇنىڭ يۈرەك مۇسكۇلىغا قان يېتىشمەسلىككە تاقابىل تۇرۇش رولىنىڭ كۆرۈنەرلىك ئىكەنلىكى ئىسپاتلاپ چىقىلىپ، يېڭى دورا ئىشلەپچىقىرىشقا ئاساس سېلىندى.

«مۇرەككەپ سىستېمىلىق پروۋېكسىيىلىك ئىز قوغلاش غەيرىي پارامېتىر مودېلىنى تۇرغۇزۇش ئۇسۇلى ئۈستىدىكى تەتقىقات» تۈرىدە چاڭجياڭ سەنشيا بۆلىكىنىڭ 1999 - يىلىدىكى ئەڭ چوڭ كەلكۈن ئاپىتى توغرىسىدا ئالدىن مەلۇمات بېرىلدى، مەلۇماتنىڭ توغرىلىق نىسبىتى %96كە يەتتى، پروۋېكسىيىلىك ئىز قوغلاش يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىسىنىڭ ئىشەنچلىكلىكى، مۇقىملىقلىقى ۋە ياراملىقلىقى يەنىمۇ دەلىللەندى.

(5) پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى قوللىنىشتا يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. «شالىنىڭ سۇيىنى تېجەپ، مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇش بويىچە يۇرۇشلەشتۈرۈش تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش» تۈرى 1997 - يىلدىن 1999 - يىلغىچە 1366.67 گېكتار يەردە كېڭەيتىلىپ، ھوسۇل 7424 توننا ئاشۇرۇلدى، ئۇنۇم 13 مىليون 485 مىڭ 500 يۈەن كۆپەيتىلدى، 62 مىليون 516 مىڭ 100 كۇب مېتىر سۇ تېجەپ قىلىندى، تەننەرخى 10 مىليون 248 مىڭ 600 يۈەن تۆۋەنلىتىلدى.

«توققۇمىچىلىق ماشىنىلىرى سۇرئىتىنى چاستوتىلىق تەڭشەش تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش» تۈرىدە 1999 - يىلى 250 ماشىنىدا چاستوتا ئۆزگەرتكۈچ ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، 908.5 كىلوۋات سائەت توك تېجەپ قېلىندى.

«كاتوللارنى مىكرو كومپيۇتېر بىلەن تىزگىنلەش سىستېمىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش» تۈرى ئىلى ھاراق زاۋۇتى قاتارلىق ئورۇنلاردىكى 120 توننىلىق 11 دانە ئىسسىق سۇ كاتولىنىڭ مىكرو كومپيۇتېر بىلەن تىزگىنلەش سىستېمىسىدا ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، خېلى ئوبدان ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىلدى.

«كۆمۈر قاتلىمىدا خالاڭ يوللىرىنى ياكور تېرەك بىلەن مۇھاپىزەت قىلىش» تۈرىدە، 1999 - يىل 11 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە كۆمۈر كانلىرىدا 12 مىڭ مېتىردىن كۆپرەك خالاڭ يولىغا ياكور تېرەك قويۇلدى.

«1، 1 - نومۇرلۇق شىنجاڭ ئۈزۈمى، «چۈەنچيۇخۇڭ، ھۆل تاۋار ئۈزۈمى يېڭى سورتىنى ئومۇملاشتۇرۇش» تۈرىدە «1 - نومۇرلۇق شىنجاڭ ئۈزۈم» ئاسلىق تۈپ بېغىدىن 1.33 گېكتار بەرپا قىلىندى، بۇنىڭدىن 6.67 گېكتار يەرگە «1 - نومۇرلۇق شىنجاڭ ئۈزۈمى»نى ئاساس قىلغان، ئۈزۈمى ھۆل ئىستېمال قىلىنىدىغان ئۈزۈم تېلى تىكىلدى، 66.67

گېكتار يەردە يۇقىرى ئۈنۈملۈك، ئوزۇقلۇق ئىستېمال قىلىنىدىغان ئۈزۈمچىلىك بازىسى قۇرۇلدى، 300 تونىلىق سوغۇق ساقلاش ئىسكىلاتى ياسالدى.

«ئۇنىۋېرسال سۇ تېجەشنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى ئىززىلەشتۈرۈش - ئۈمۈملاشتۇرۇش» تۈرى 1999 - يىلى 118 مىڭ 700 گېكتار يەردە ئومۇملاشتۇرۇلدى، بۇ تۈر يولغا قويۇلغان رايوندا ھەر مو يەردىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 100 كۇب مېتىر سۇ تېجەپ قېلىندى، ھەر مو كېۋەزنىڭ ھوسۇلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 5 كىلوگرام، كۆممىقوناقنىڭ مو بېشى ھوسۇلى 30 كىلوگرام، بۇغداينىڭ 20 كىلوگرام ئاشتى.

«كۈزگى بۇغداينى سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ قۇرلاپ تېرىشنىڭ ئۇنىۋېرسال يۇرۇشلەشكەن تېخنىكىسىنى ئۈمۈملاشتۇرۇش» تۈرىدە، سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ قۇرلاپ تېرىش تېخنىكىسى 13 مىڭ 600 گېكتار يەردە ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، مو بېشىدىن 6 .450 كىلوگرام ھوسۇل ئېلىندى، ھەر مو يەرنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى يېڭىدىن 47 يۈەن ئاشۇرۇلدى.

«سۇلياۋ يوپۇق يېپىلغان قوتاندا قوي بېقىش تېخنىكىسىنى ئۈمۈملاشتۇرۇش» تۈرىدە سۇلياۋ يوپۇق يېپىلغان 10 مىڭ 217 قوتان سېلىندى، بۇ قوتانلاردا 804 مىڭ 100 تۇياق قىشلىق قوزا ئېلىندى، قوزىلارنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتى 99 .5% كە يەتتى. «قوزىلارنى پىچىش، قويرۇقىنى كېسىش تېخنىكىسىنى ئۈمۈملاشتۇرۇش» تۈرىدە 1999 - يىلى 5000 دانە پىچىش ئامبۇرى، 100 مىڭ دانە رېزىنكە چەمبەر ئومۇملاشتۇرۇلدى، بۇ تېخنىكا ئارباغاتاي، ئىلى قاتارلىق جايلاردا كەڭ قوللىنىلىپ چارۋىچىلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

(6) يۇمشاق پەن تەتقىقاتىدا يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. 1999 - يىلى ئىجرا قىلىنىۋاتقان يۇمشاق پەن تۈرلىرى ئىچىدە «شىنجاڭ قىزىل كەسىپلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئۈستىدىكى تەتقىقات»، «شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش بويىچە مالىيە تەدبىرلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقات»، «شىنجاڭنىڭ 2000 - يىلدىن 2015 - يىلىغىچە بولغان پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى ئىستراتېگىيىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات»، «شىنجاڭ يېزىلىرىنىڭ كىچىك بازار قۇرۇلۇشى مەسىلىلىرى توغرىسىدىكى تەتقىقات»تا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات مەسىلىلىرىنى چۆرىدەپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىلىپ، يېڭى ئىلگىرىلەش قولغا كەلتۈرۈلدى، باسقۇچلۇق تەتقىقات نەتىجىلىرى تەدبىر بەلگىلىگۈچىلەرنى پايدىلىنىش ئاساسلىرى بىلەن تەمىن ئەتتى.

«ئېبىنۇر كۆلى ئېكولوگىيىسىنىڭ ئۆزگىرىش يۈزلىنىشى ۋە ئۇنى ئۇنىۋېرسال تىزگىنلەش تەدبىرلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقات»تا ئېبىنۇر كۆلىنىڭ ئېكولوگىيىسىنى قوغداش ۋە ئۇنى ئۇنىۋېرسال تىزگىنلەش تەدبىرلىرى ئۈنۈملۈك تەتقىق قىلىنىپ، ئەمەلدە ئاقىدىغان يولغا قويۇش پىكىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. تەتقىقات نەتىجىسىنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى قوبۇل قىلدى ۋە ئېبىنۇر كۆلىنىڭ مۇھىتىنى ياخشىلاش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇنىڭ بىلەن ئېبىنۇر كۆلىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى ياخشىلاش ئىشى ئومۇمىيۈزلۈك پىلانلاش ۋە يولغا قويۇش باسقۇچىغا قەدەم قويدى.

«شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ئىختىساسلىقلار بايلىقىنى ئېچىش ئۈستىدىكى تەتقىقات»تا شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ئىختىساسلىقلار بايلىقىنى ئېچىشنىڭ ئىستراتېگىيىسى ۋە تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ تۈردە بىر تەرەپتىن تەتقىق قىلىندى، بىر تەرەپتىن ئەمەلىيەت ئۆتكۈزۈلدى، كۆپلىگەن باسقۇچلۇق تەتقىقات نەتىجىلىرى پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قوللىنىلدى.

(7) خەلقئارا پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقى ۋە ئالماشتۇرۇشى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى. «شەرق ئۆچكە يۇرچىقىنى كىرگۈزۈش ۋە ئۇرۇقىنى كۆپەيتىش» تۈرىدە قازاقىستان ئوتلاق يەم - بوغۇز تەتقىقات ئورنىدىن شەرق ئۆچكە يۇرچىقىنىڭ ئۇرۇقى كىرگۈزۈلۈپ، ئالتاي، نىيە، فۇكاڭ، قۇتۇبىلاردا سىناق تەرىقىسىدە تېرىلدى ھەم تېرىش مەزگىلى، تېرىش زىچلىقى، تېرىش ئۇسۇلىنى پەرقلەندۈرۈش ئاساسىدا سىناق قىلىپ بەزى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

«ئاۋستىرالىيىدىن ئوت - چۆپ ئۇرۇقى كىرگۈزۈپ سىناق قىلىش» تۈرىدە ئاۋستىرالىيىدىن كىرگۈزۈلگەن 66 خىل ئوت - چۆپ، يەم - بوغۇز ئۇرۇقى ئۇرۇمچى ناھىيىلىك ئوتلاق پونكىتى ۋە فۇكاڭ شەھەرلىك دۆڭۈەن ئۇنىۋېرسال تەجرىبە پونكىتىدا سىناق تەرىقىسىدە تېرىلدى. تەجرىبە نەتىجىسى بىر خىل بېدە سورتىنىڭ سۇنئىي ئوتلاق بەرپا قىلىشتا بىر قەدەر كۆڭۈلدىكىدەك سورت ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى.

«ئۇكرائىنادىن كىرگۈزۈلگەن قىزىلچا سورتلىرىنىڭ ئۇرۇقلىرىنى تاللاپ ئېرىش سىنىقى ئۈستىدىكى تەتقىقات» تۈرىدە ئۇكرائىنادىن كىرگۈزۈلگەن قىزىلچا ئۇرۇقلىرىدىن ئۆلچەمگە يېتىدىغانلىرى تاللاپ چىقىلىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە دائىرىلىك تەجرىبە قىلىشقا قاتناشتۇرۇلدى. 1999 - يىلى كىرگۈزۈلگەن 5 خىل قىزىلچا ئۇرۇقى سورتىنىڭ سۈپىتىنى سېلىشتۇرۇش تەجرىبىسى ئىشلەندى.

قېلىڭ يۈن

## ئاساسلىق ئاشلىق زىرائەتلىرىنى يۇقىرى ھوسۇللۇق، سۈپەتلىك ۋە يۇقىرى ئۈنۈملۈك قىلىپ ئۆستۈرۈش ئۈنۈۋېرسال تېخنىكىسى تەتقىق قىلىندى ۋە بارلىققا كەلتۈرۈلدى

بۇ ئاپتونوم رايوننىڭ 9 - بەش يىللىق پىلانىدىكى مۇھىم پەن - تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تۈرى بولۇپ، ئۇنىڭ تەركىبىدە «ئاساسلىق ئاشلىق زىرائەتلىرىنىڭ پەۋقۇلئاددە يۇقىرى ھوسۇللۇق يېڭى سورتىنى يېتىشتۈرۈش»، «ئاساسلىق ئاشلىق زىرائەتلىرىنى يۇقىرى ھوسۇللۇق قىلىپ ئۆستۈرۈشنىڭ ئۈنۈۋېرسال تېخنىكىسى بويىچە تەتقىقات ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش»، «10 مىليون مو يەردىكى ئاشلىق زىرائىتىدىن يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش» قاتارلىق 3 تېما تەسىس قىلىندى. بۇ تۈر يولغا قويۇلغان 4 يىلدا خېلى چوڭ ئىلگىرىلەش بولدى.

«ئاساسلىق ئاشلىق زىرائەتلىرىنىڭ پەۋقۇلئاددە يۇقىرى ھوسۇللۇق يېڭى سورتىنى يېتىشتۈرۈش» تەتقىقات تېمىسىدا يېڭىدىن يېتىشتۈرۈلگەن ئارا جاغدا كۈزگى بۇغداي يېڭى سورتى 91 (8) نىڭ ھوسۇلى سېلىشتۇرما سورت «شىنجاڭ كۈزگىسى — 18» نىڭكىدىن 8.3% ئېشىپ، مو بېشى ھوسۇلى 487 كىلوگرامغا يەتتى، يازغى بۇغداي سورتى NS65 ۋە كۈزگى بۇغداي سورتى 265 — 92 قاتارلىق 2 يېڭى سورت دۆلەتنىڭ مەخسۇس بولىكىغا ئىشلىتىلىدىغان 1- دەرىجىلىك سۈپەتلىك بۇغداي ئۆلچىمىگە يەتتى، ئەمما ئۇ تېخى ئۆتكۈنچى سورت بولغاچقا، ھوسۇلى سەل ئاز. ئالاھىدە بالدۇر پىشىدىغان سورت J 10 نىڭ ھوسۇلى بۇغداي سورتلىرىنى سېلىشتۇرۇش سىنىقىدا سېلىشتۇرما سورت «كۈيتۇڭ كۈزگىسى —5» نىڭكىدىن 9.4% ئاشتى، مو بېشى ھوسۇلى 464 كىلوگرامغا يەتتى؛ ئالاھىدە چىلگە سورت «چېڭدەن 22 — 1»، «چېڭدەن — 3»، «ئالاھىدە بالدۇر پىشار —5»، «جۇڭنەن — 5» لەرنىڭ 1999 - يىلىدىكى رايون تەجرىبىسىدە ئىپادىسى ياخشى بولدى، يۇقىرىدىكى ئالاھىدە چىلگە سورتلار شىمالىي شىنجاڭدا «بىر يىلدا ئىككى قېتىم ھوسۇل ئېلىش» تەك تېرىقچىلىق تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى سورت ئاساسى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. يېڭى شال سورتى «342 — 91» نى بېكىتۈەنىڭ يېزا ئىگىلىك 1 - شىسىدا رايون سىنىقى قىلىغاندا، ئۇدا 2 يىل ئوتتۇرىچە مو بېشى ھوسۇلى 923.3 كىلوگرامغا يېتىپ، «شىنجاڭ شىلى — 5» نىڭكىدىن 14.2% ئاشتى، دۆلەتنىڭ 2 - دەرىجىلىك سۈپەتلىك گۈرۈچ ئۆلچىمىگە يەتتى.

«ئاساسلىق ئاشلىق زىرائەتلىرىنى يۇقىرى ھوسۇللۇق قىلىپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى تەتقىقاتى ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش» تېمىسى تەركىبىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭدا «بىر يىلدا ئۈچ قېتىم ھوسۇل ئېلىش» بويىچە بىر مو يەردىن بىر تونىنا ئاشلىق ئېلىش تېخىنىكا سىستېمىسى تەتقىقاتى مەخسۇس تېمىسىدا 1999 - يىلى يېڭىسار ناھىيىسىدە 100 مو يەرگە بۇغداي - كۆممىقوناق - كۆممىقوناق تېرىلىپ مو بېشى ھوسۇلى 1542.5 كىلوگرامغا يەتكۈزۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە «شىنجاڭ كۈزگىسى — 20» نىڭ مو بېشى ھوسۇلى 583.4 كىلوگرامغا، قۇر ئارىسىغا كىرىشتۈرۈپ تېرىلغان كۆممىقوناق سورتى «يېدەن — 12» نىڭ مو بېشى ھوسۇلى 490.8 كىلوگرامغا، ئېگىزغا تېرىلغان كۆممىقوناق سورتى «جىڭزاۋ — 8» نىڭ مو بېشى ھوسۇلى 468.3 كىلوگرامغا يەتتى. كۆممىقوناق تېرىلغۇ كۆلىمىنى ئازايتىپ، ئىقتىسادىي زىرائەتلەر تېرىلغۇ كۆلىمىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، يېقىنقى 2 يىلدا كۆممىقوناق ئورنىغا كېۋەز، خاسىڭ، تاتلىق ياڭيۇ قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى تېرىش سىنىقىدىمۇ خېلى ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

«شىمالىي شىنجاڭدا ئېگىزغا كۆممىقوناق تېرىپ يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش تېخنىكىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات» تېمىسىدا «كۈيتۇڭ كۈزگىسى —5» بىلەن كۆممىقوناق سورتى «چېڭدەن —3» تىن ئىبارەت 2 چىلگە سورتنى كىرىشتۈرۈپ تېرىپ، شىمالىي شىنجاڭدا بىر يىلدا 2 قېتىم ھوسۇل ئېلىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، 2 سورتنىڭ ئومۇمىي مو بېشى ھوسۇلى 947 كىلوگرام (بۇغداينىڭ مو بېشى ھوسۇلى 497 كىلوگرام، كۆممىقوناقنىڭ مو بېشى ھوسۇلى 450 كىلوگرام) غا يەتتى.

«بىنەمگە بۇغداي تېرىپ يۇقىرى ھوسۇل ئېلىشنىڭ يورۇشلەشكەن تېخنىكا سىستېمىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات» تېمىسىدا مورى ناھىيىسىدە بۇغداينى كەڭ - تار قۇرلاپ تېرىش ۋە چۈنەكلەپ تېرىش سىناق قىلىندى، كەڭ - تار قۇرلاپ تېرىلغان بۇغداينىڭ مو بېشى ھوسۇلى 201.3 كىلوگرامغا، چۈنەكلەپ تېرىلغان بۇغداينىڭ مو بېشى ھوسۇلى 228.4 كىلوگرامغا يەتتى. بۇ تەتقىقات تېمىسىدا 1998 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى سۇ توپلاش ئورىسى ياسالغاندىن كېيىن، 1999 - يىلى قار سۈيىنى توپلاش سىناق قىلىنىپ ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى، سۇ كۆلچىكىنىڭ ئورنى توغرا تاللانغانلىقتىن، قار سۈيىدىن باشقا، يامغۇر سۈيىنىمۇ تۇسۇپ يىغقىلى بولىدىغان بولدى، يازغى بۇغداينىڭ ئوتتۇرا، ئۆسۈش مەزگىلىدە پۈركۈش ۋە تامچىلىتىش ئارقىلىق تولۇقلاپ سۇغىرىش سىناق قىلىندى، بۇنىڭ ھوسۇلنى ئاشۇرۇش ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى، سېلىشتۇرما سورتقا قارىغاندا ئوتتۇرا مەزگىلدە پۈركۈپ ۋە تامچىلىتىپ سۇغىرىلغان يەرنىڭ مو بېشى ھوسۇلى 26.5% ئېشىپ، 254.6 كىلوگرامغا، كېيىنكى مەزگىلدە پۈركۈپ ۋە تامچىلىتىپ سۇغىرىلغان

بەرنىاڭ مو بېشى هوسۇلى %31 ئېشىپ، 263.7 كىلوگرامغا يەتتى.

«سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ سۇغىرىپ، ئۈنۈمــۈبەرسال سۇ تېجەش تېخنىكىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات» تېمىسىدا ئاساسلىقى سۇلياۋ يوپۇق يېپىش ماشىنىسىنىڭ قىر سېلىش، توپا يۆلەش قوراللىرى ئۆزگەرتىپ ياسىلىپ، قىر سېلىش، توپا يۆلەش سۈپىتى تەلەپكە ئاساسىي جەھەتتىن يەتكۈزۈلدى. تەڭشەپ سۇغىرىش تېخنىكىسىنى سىناق قىلىش ئارقىلىق، كۆممىقوناق سۈيىنى تېجەش - هوسۇلنى ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت سۇغىرىش تۈزۈمى دەسلەپكى قەدەمدە ئورنىتىلدى. ھەر مو يەرنــى سۇغىرىش نورمىسى 184 كۇب مېتىر بولۇپ، مو بېشىدىن 818 كىلوگرام هوسۇل ئېلىندى. سۇدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى 4.45 كىلوگرام - كۇب مېتىر بولدى.

«كۆمــــــقوناقتا بولــــدىغان ئاساسلــــق زىيانداش هاشاراتلاردىن ئۈنۈمبەرسال مۇداپىئەلىنىش ۋە ئۈنى يوقىتىش تېخنىكىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات» تېمىسىدا كۆممىقوناقتا زىيان سالىدىغان يوپۇرماق سالجىسى، كۆممىقوناق كېپىنىكى، چېپار يوپۇرماق تومۇزغىسى قاتارلىق 3 خىل هاشاراتتىن دورا بىلەن مۇداپىئەلىنىش ۋە ئۈنى يوقىتىش، بىئولوگىيىلىك ئۇسۇل بىلەن مۇداپىئەلىنىش ۋە ئۈنى يوقىتىش سىناق قىلىندى، بولۇپمۇ قىزىل كۆز ھەرىدىن پايدىلىنىپ كۆممــــقوناق كېپىنىكىدىن مۇداپىئەلىنىش ۋە ئۈنى يوقىتىشنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى ئوبدان بولدى. قىزىل كۆز ھەرە، پەرۋانە سېرىق قىزىل كۆز ھەرىسى، قارىغاي قۇرتى، قىزىل كۆز ھەرىسىنىڭ پارازىتلىق ئۈنۈمى، ھەر 100 تۈپتىكى هاشارات مىقدارى، غول بويىچە مۇداپىئەلىنىــــش - يوقىتــــش ئۈنۈمــــى كۆرسەتكۈچلىرىدىن تەھلىل قىلىنىشچە، پەرۋانە سېرىق قىزىل كۆز ھەرىسى ئومۇملاشتۇرۇشقا ئەرزىيدىغان بىردىنبىر ھەرە ئىكەن.

«تۇپراق ئوزۇقلۇق ماددىلىرىنى باشقۇرۇش ۋە توغرا ئوغۇتلاش ئۇچۇرلىرى سىستېمىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات» تېمىسىدا لوپ، ئاۋات ناھىيىلىرىنىڭ تۇپراق ئوزۇقلۇق ماددىلىرىنى باشقۇرۇش ۋە توغرا ئوغۇتلاش ئۇچۇرلىرى سىستېمىسى بەرپا قىلىنىپ، ئۇچۇر تېخنىكىسىنىڭ يېزا ئىگىلىكىدىكى قوللىنىلىشى ۋە يېزا ئىگىلىكىنى توغرا تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئاساس سېلىندى.

«10 مىليون مو ئاشلىق زىرائەتتىن يۇقىرى هوسۇل ئېلىش ئۈنۈمبەرسال تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش» تېمىسى تەركىبىدىكى «جەنۇبىي شىنجاڭدا 4 مىليون مو كۆممىقوناقتىن يۇقىرى هوسۇل ئېلىش تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش» تېمىسىدا سورت، زىچلىق، ئوغۇتلاش، خىمىيىلىك تىزگىنلەش جەھەتلەردە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق مۇنداق يەكۈن چىقىرىلدى: كۆممىقوناقنى ئاق يەرگە تېرىشتا «جۇڭدەن — 2»، سورتى ياخشىلانغان CS704، «يېدەن — 12» ياخشى سورت ھېسابلىنىدۇ، بۇغدايدىن كېيىن كۆرگۈزۈلگەن DK656 «دېڭخەي — 1» بىر قەدەر ياخشى سورت ھېسابلىنىدۇ؛ ئېگىزغا تېرىشتا «بانۇڭ — 701»، «ئادەن — 1»، «خۇدەن — 2» ياخشى سورت بولىدۇ، «بانۇڭ — 702»، «بانۇڭ — 703» بىر قەدەر ياخشى سورت ھېسابلىنىدۇ؛ ئاق يەرگە تېرىلغان كۆممىقوناقنىڭ زىچلىقى 5000 — 5500 تۈپ - مو بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ، ئېگىزغا تېرىلغان كۆممىقوناقنىڭ ئۆسۈش ۋاقتى قىسقا بولغاچقا، زىچلىقى 5500 — 6000 تۈپ - مو بولسا بولىدۇ؛ ئوخشاش دەرىجىدە ئوغۇتلانغان ئەھۋالدا، سېغىزسىمان تۇپراق بىر قېتىملا چوڭقۇر ئوغۇتلانسا، ئوتتۇراهال تۇپراق 2 قېتىم، قۇمساڭغۇ تۇپراق 3 قېتىم ئوغۇتلانسا، كۆممىقوناق بىر قەدەر ياخشى ئۆسىدۇ؛ خىمىيىلىك تىزگىنلەشتە «دائېرفېڭ» ناملىق دورىنىڭ ئۈنۈمى ئەڭ ياخشى بولىدۇ. 1999 - يىلى بۇ تەتقىقات تېمىسىغا مۇناسىۋەتلىك كۆممىقوناق ئومۇمىي كۆلىمى 256 مىڭ 500 گېكتار بولۇپ، مو بېشىدىن 436.54 كىلوگرام هوسۇل ئېلىنىپ، پىلاندىكى كۆرسەتكۈچتىن 36.54 كىــلوگرام ئېشىپ كەتتى. «ئاقسۇ ۋىلايىتىدە بۇغدايدىن يۇقىرى هوسۇل ئېلىش ئۈنۈمبەرسال تېخنىكىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات» تېمىسىدا يېڭى سورتلارنى سېلىشتۇرۇپ سىناق قىلىش ئارقىلىق، «خەنمەي — 5316» يېڭى سورتىنىڭ هوسۇلى 2 سىناق نۇقتىسىدا ھازىرقى ئاساسلىق بۇغداي سورتى «جىمەي — 30» نىڭكىدىن %20تىن كۆپرەك يۇقىرى بولدى. يەنى مو بېشى هوسۇلى 579 كىلوگرام ۋە 550 كىلوگرامغا يەتتى؛ ئىلى، سانجى، تارباغاتاي، بورتالا قاتارلىق 4 ۋىلايەت، ئوبلاست يولغا قويغان ئاشلىق زىرائەتتىن يۇقىرى هوسۇل ئېلىش - يۇقىرى ئۈنۈم يارىتىش ئۈنۈمبەرسال تېخنىكىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش» تېمىسىدا بۇغداي، كۆممىقوناق، شال سورتلىرى تاللاپ چىقىلدى، مۇۋاپىق ئوغۇتلاش ۋە سۇغىرىش، ئېگىزغا كىرىشتۇرۇپ تېرىش سىناق قىلىنىپ، ھەممىسىدە ياخشى نەتىجە قازىنىلدى. ئىلى ۋىلايىتىدە 184 مىڭ 600 گېكتار ئاشلىق زىرائەتنىڭ مو بېشى هوسۇلــى 380.6 كىلوگرامغا يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 17.3 كىلوگرام ئاشتى، ئەمما پىلاندىكى كۆرسەتكۈچتىن 31.4 كىلوگرام كەم بولدى؛ سانجى ئوبلاستىدا 135 مىڭ 800 گېكتار يەردىكى ئاشلىق زىرائەتنىڭ مو بېشى هوسۇلى 469.3 كىلوگرامغا يېتىپ، پىلاندىكىدىن 19.3 كىلوگرام ئاشتــى؛ تارباغاتاي ۋىلايىتىدە 90 مىڭ 600 گېكتار يەردىكى ئاشلىق زىرائەتنىڭ مو بېشى هوسۇلى 401.22 كىلوگرامغا يېتىپ، پىلاندىكىدىن 22.1 كىلوگرام ئاشتى؛ بورتالا ئوبلاستىدا 22 مىڭ 400

گېكتار يەردىكى ئاشلىق زىرائەتنىڭ مو بېشى ھوسۇلى 2.514 كىلوگرامغا يېتىپ، پىلاندىكىدىن 2.22 كىلوگرام ئاشتى.

جاڭ زۇخېيۇ

## كېۋەزدىن كەڭ كۆلەمدە يۇقىرى ھوسۇل ئېلىشنىڭ ئۇنىۋېرسال يۈرۈشلەشكەن تېخنىكىسى تەتقىق قىلىنىپ بارلىققا كەلتۈرۈلدى ۋە ئۈلگە كۆرسىتىلدى

بۇ دۆلەت پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ 9- بەش يىللىق پىلاندىكى دېھقانچىلىق پەن - تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە نۇقتىلىق تۈرى بولۇپ، ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن يولغا قويۇلدى. بۇ تەتقىقات تېمىسىنىڭ ۋاقتى 5 يىل بولۇپ، 1999 - يىل ئۇنىڭ يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ 4 - يىلى.

1999 - يىلى شىنجاڭ قۇرۇقلۇق چىلگە 9 - نومۇرلۇق (ئەسلىدىكى 97 — 145)، شىنجاڭ قۇرۇقلۇق چىلگە 10 - نومۇرلۇق (ئەسلىدىكى شىنجاڭ شىخەنزە K1) ۋە شىنجاڭ قۇرۇقلۇق ئارا 7 - نومۇرلۇق (ئەسلىدىكى 9542) قاتارلىق شىنجاڭ ئۆزى يېتىشتۈرگەن يۇقىرى ھوسۇللۇق، سۈپەتلىك، كېسەلگە چىدامىلىق 3 كېۋەز سورتى تەكشۈرۈلدى ۋە ئۇلارغا نام بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە سىرتتىن كىرگۈزۈپ تاللاش سىنىقى ئارقىلىق، 1999 - يىلى سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن 3 كېۋەز سورتىغا تەكشۈرۈپ نام بېرىلدى. 1996 - يىلدىن 1999 - يىلغىچە بۇ يېڭى كېۋەز سورتلىرى ئومۇملاشتۇرۇلغان ئومۇمىي يەر كۆلىمى 1 مىليون 208 مىڭ 300 گېكتارغا يەتتى.

«پاكار، قويۇق، چىلگە» قىلىپ ئۆستۈرۈش ئەندىزىسى ئاساسىدا، كەڭ ئەنلىك سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ، كەڭ - تار قۇرلۇق قىلىپ يۇقىرى دەرىجىدە زىچ تېرىلغان ئەھۋالدا، كېۋەزنىڭ ئوتتۇرا ۋە كېيىنكى ئۆسۈش مەزگىلىدە قۇياش نۇرىنىڭ كېۋەز ئارىسىغا تارقىلىشىنى ياخشىلاش، توپ ئارىلىقىنى يىغىنچاق قىلىش، مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى ماسلاشتۇرۇشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، بىر جىڭ ئوغۇت (ئۆلچەملىك ئوغۇت) بەدىلىگە بىر جىڭ پاختا (ساپ پاختا) ئېلىشنى ئۆلچەم قىلىپ، ئازوتنى مۇقىملاشتۇرۇش، فوسفورنى ئازايتىش، كالىينى تولۇقلاش، سىنكنى كۆپەيتىشتىن ئىبارەت مۇۋاپىق، تېجەشلىك ئوغۇتلاش، سۇنى تىزگىنلەش، خىمىيىۋى ئوغۇتنى مۇۋاپىق بېرىش ۋە پايدىلىق ھاشاراتلارنى قوغداش، زىيانلىق ھاشاراتلارنى تىزگىنلەش ئاساس قىلىنغان كېسەللىك - زىيانداش ھاشاراتلاردىن مۇداپىئەلىنىش، ئۇلارنى يوقىتىش قاتارلىق مۇھىم تېخنىكىلار ئومۇملاشتۇرۇلدى. 1999 - يىلى تۇر رايونىدا مو بېشىدىن 120 كىلوگرامدىن 134 كىلوگرامغىچە ساپ پاختا ئېلىنغان كېۋەز كۆلىمى 134 مىڭ 900 گېكتارغا، 135 كىلوگرام ساپ پاختا ئېلىنغان كېۋەز كۆلىمى 26 مىڭ 300 گېكتارغا، 150 كىلوگرامدىن يۇقىرى ساپ پاختا ئېلىنغان كېۋەز كۆلىمى 3986.67 گېكتارغا يەتتى. كېۋەزگىلا ئىشلىتىلىدىغان، ئوزۇق ئۈنۈمى بېرىدىغان 8 خىل بىرىكمە - ئارىلاشما ئوغۇتنى مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان ئوغۇتلار بويىچە كۆۋاھلىقتىن ئۆتكۈزۈش سىنىقى قىلىش ئارقىلىق، ئوغۇتلار تەركىبىدىكى ئوزۇقلۇقلارنىڭ تەقسىم قىلىنىشى بىر قەدەر مۇۋاپىق ئىكەنلىكى، ھەر مو يەردە ھوسۇلنىڭ ئەنئەنىۋى ئوغۇتلىنىشىغا قارىغاندا 9.6 كىلوگرام ئاشىدىغانلىقى مەلۇم بولدى، 1999 - يىلى كېۋەزگە ئەمەلىيەتتە 380 مىڭ توننا مەخسۇس ئوغۇت ئىشلىتىلگەن، 1996 - يىلدىن 1999 - يىلغىچە بولغان 3 يىلدا 466 مىڭ 700 گېكتار يەردە ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، ساپ پاختا 35 مىڭ توننا، ئۈنۈم 315 مىليون يۈەن ئاشۇرۇلغان.

جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى ئاساسلىق كېۋەز تېرىلغان رايونلارنىڭ تۇپرىقى تەركىبىدىكى ئوزۇقلۇق ماددىلارنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىنى تېپىپ، سىستېمىلىق تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، تۇپراق تەركىبىدىكى ئوزۇقلۇق ماددىلارغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ئامىللار ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىندى، ھەرخىل ئوزۇقلۇق ماددىلارنىڭ ئوغۇتلاش پارامېتىرى، ئۈنۈمى، سۇ بىلەن ئوغۇتنىڭ بىرىكىشى، سىنك، مانگان، بور قاتارلىق مىكرو ئوغۇتلارنىڭ ئوغۇتلاش ئۈنۈمى، ئوخشاش بولمىغان تېرىش زىچلىقى قاتارلىق پارامېتىرلار نىشانلىق تەتقىق قىلىندى، كېۋەزنى يۇقىرى ھوسۇللۇق، ئۈنۈملۈك قىلىپ ئۆستۈرۈش بويىچە ئوغۇتلاش سىستېمىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، شىمالىي شىنجاڭدا ئۈلگە كۆرسىتىلگەن 16 مىڭ 600 گېكتار كېۋەزنىڭ مو بېشىدىن 100 كىلوگرامدىن ئارتۇق ساپ پاختا ئېلىندى. كېۋەزدىن سۈپەتلىك، يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش بويىچە مۇتەخەسسىسلەر سىستېمىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش تەتقىقاتى تاماملاندى، ئامېرىكا مۇتەخەسسىسلەر سىستېمىسىنىڭ ئەندىزىسى ئۆرنەك قىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ يەۋقۇلئاددە ئېكولوگىيىلىك شارائىتى ۋە تېرىپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى پارامېتىرلىرىغا بىرلەشتۈرۈلۈپ، پاختىچىلىققا دائىر مۇكەممەل باشقۇرۇش - تەدبىر بەلگىلەش سىستېمىسى بارلىققا كەلتۈرۈلدى.

شىنجاڭدىكى ئاساسلىق كېۋەز تېرىلىدىغان رايونلارنىڭ كېۋەزلىك تۇپرىقىدىكى توسالغۇ ئامىللار ۋە مەھسۇلات مىقدارىنىڭ تارقىلىشىنى كۆرسىتىدىغان خەرىتە سىزىپ چىقىلدى، 5 ئوبلاست، ۋىلايەتكە قاراشلىق كېۋەز تېرىلىدىغان 25 ناھىيە، 212 يېزا - بازاردىكى تۆۋەن ھوسۇللۇق

كېۋەزلىكلەرنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە تۇسالغۇ ئامىللار تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى، ئوتتۇرا - تۆۋەن ھوسۇللۇق كېۋەزلىكلەرنى تېزدىن يۇقىرى ھوسۇللۇق قىلىپ ئۆزگەرتىشنىڭ ئۇنىۋېرسال، يۈرۈشلەشكەن تېرىش - ئۆستۈرۈش تېخنىكىلىق قائىدىسى تۈزۈپ چىقىلدى. 1999 - يىلى شىمالىي شىنجاڭدىكى كېۋەز تېرىلىدىغان ئاساسلىق 5 ناھىيىدە 101 مىڭ 100 گېكتار كېۋەزنىڭ مو بېشىدىن 100 كىلوگرامدىن كۆپ ھوسۇل ئېلىنىپ، تۈر يولغا قويۇلۇشتىن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا 23.8 كىلوگرامدىن 40.7 كىلوگرامغىچە ئاشتى.

شىنجاڭدا كېۋەز ھوسۇلىنىڭ ئالاھىدە يۇقىرى بولۇشىنىڭ فىزىئولوگىيىلىك مېخانىزمى ئېچىپ بېرىلدى. شىنجاڭدا كېۋەز ھوسۇلىنىڭ ئالاھىدە يۇقىرى بولۇشىنىڭ ئاساسىي سەۋەبى شۇكى، سۇلياۋ يوپۇق يېپىشنى ئاساس، «قويۇق، پاكار، چىلگە» قىلىپ ئۆستۈرۈشنى يادرو، پايدىلىق ھاشاراتلارنى قوغداش، زىيانلىق ھاشاراتلارنى تىزگىنلەش ئاساسىدىكى كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىشنى كاپالەت قىلىپ تېرىش - ئۆستۈرۈش ئەندىزىسى كېۋەز ھوسۇلىنىڭ ئالاھىدە يۇقىرى بولۇشىغا فىزىئولوگىيىلىك ئاساس سېلىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە كېۋەزنىڭ ئۈنۈملۈك چېچەكلەش، غوزىلاش مەزگىلى جايلارنىڭ قوياش نۇرىنىڭ چۈشۈشى، ئىسسىقلىق مىقدارى ئەڭ ياخشى بولىدىغان مەزگىلى بىلەن ماس كېلىدۇ، بۇ ھال كېۋەزنى چېچەكلەش، غوزىلاش، ئېچىلىش مەزگىللىرىدە بىر قەدەر زور ئۆزلەشتۈرۈش كۆلىمىگە ۋە كېۋەز يوپۇرماقلىرىنى بىر قەدەر يۇقىرى ساپ فوتوسىنتېز ئۈنۈمىگە ئىگە قىلىدۇ، شۇنىڭدەك كېۋەزنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق يوپۇرماق كۆلىمى كۆرسەتكۈچى، تاج قاتلىمى قۇرۇلمىسى ھەم فوتوسىنتېز كۆلىمى ۋە شامال، نۇر ئۆتۈشۈش قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈرۈشكە ئىمكانىيەت بېرىدۇ.

بىئو تېخنىكىدىن پايدىلىنىپ كېۋەز ئۇرۇقى يېتىشتۈرۈش جەھەتتە قۇرۇقلۇق كېۋەزنى تەندىن ئاجرىتىپ يېتىشتۈرۈش ئارقىلىق بىر قەدەمدىلا مايسىغا ئايلاندۇرۇش ئۇسۇلى كەشىپ قىلىنىپ، يېشىل پارقىراق ئاقسىل گېنى (GFP) دوكلات گېنى قىلىپ، كېۋەزنىڭ ئۆزگەرگەن جانلىق تەنچىلىرىنى تەكشۈرۈش، تاللاشتا قوللىنىلدى ھەمدە گېنى ئۆزگەرتىلگەن ھاشاراتقا چىداملىق كېۋەزنى تېزدىن ساپلاشتۇرۇش ئۇسۇلى بارلىققا كەلتۈرۈلدى، بىئو تېخنىكىدىن پايدىلىنىپ ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن تېخنىكا زاپىسى تەييارلاندى، شىنجاڭدا كېۋەز غوزا قۇرتلىرى ئىچىدە 2 - ئەۋلاد لىچىنكىلارنىڭ كېۋەزگە سالىدىغان زىيىنىنىڭ ئەڭ ئېغىر بولىدىغانلىقى، لېكىن ئۇلارنىڭ قىشتىن ئۆتۈش سورۇنى بىر قەدەر قالايمىقان بولۇپ، شۇدىگەر قىلىنمىغان ۋە كانجىلانمىغان تېرىلغۇ يەرلىرىدە قورچاقلارنىڭ قىشتىن ئۆتۈش نىسبىتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 64.6% كە يېتىدىغانلىقى ئېنىقلاندى، ئەمما شۇدىگەر قىلىنغان، كانجىلانغان يەرلەردە بولسا ھايات قورچاقلار تېپىلمىدى. شىنجاڭنىڭ كېۋەزلىكلىرىدە 9 خىل زىيانلىق يوپۇرماق سالجىسى بار ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ ئاساسەن كېۋەزلىك ئەتراپىدىكى ئورمان بەلۋاغلىرىدىكى غازاڭلار ئاستىدا، كېۋەزلىك تۇپرىقى ئاستىدا قىشتىن ئۆتىدىغانلىقى، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر كۋادرات مېتىر يەردە 137 دانە سالجىنىڭ قىشتىن ئۆتىدىغانلىقى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى. شۇدىگەر قىلىش، كانجىلاش ۋە مۇۋاپىق نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش ھەم چىداملىق كېۋەز سورتىنى تاللاش يوپۇرماق سالجىسىنىڭ زىيىنىنى تىزگىنلەشنىڭ مۇھىم ۋاستىسى. كېۋەزلىكلەردە كۆشەندە تۈرلىرىنى يېتىلدۈرۈش، كۆپەيتىش ۋە قويۇپ بېرىش ھەم جەلپ قىلغۇچى زىرائەتلەرنى تېرىش قاتارلىقلارغا ئائىت تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، تەبىئىي پايدىلىق ھاشاراتلارنى كۆپەيتىش، ئاسراش ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىش ئارقىلىق، زىيانداشلارنى تەبىئىي تىزگىنلەشتىن ئىبارەت تېخنىكىلىق تەدبىرنىڭ رولى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇلدى.

لى رۇڭ

## 600 كىلوۋاتلىق شامال گېنېراتورىنى ئۆزىمىزدە ئىشلەپچىقىرىش تۈرى تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى ۋە باھالاندى

بۇ دۆلەتنىڭ 9 - بەش يىللىق پىلانىدىكى نۇقتىلىق پەن - تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تۈرى بولۇپ، 1996 - يىلىدىن باشلاپ يولغا قويۇلغان. 1999 - يىل 7 - ئايدا شىنجاڭ شامال ئېنېرگىيىسى شىركىتى ئۆزىمىزدە ئىشلىنىش نىسبىتى 78% كە يەتكەن 8 -، 9 - شامال گېنېراتورلىرىنى ئىشلەپچىقاردى، بۇ گېنېراتورلارنىڭ ئىشلەش ئەھۋالى ياخشى بولدى، تۈرلۈك كۆرسەتكۈچلەر لايىھەدىكى تەلەپكە يەتتى. 12 - ئاينىڭ 22 -، 23 - كۈنلىرى دۆلەت پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكى ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە بۇ گېنېراتورلارنى باھالىدى ۋە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى. مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى تېخنىكىلىق تەكشۈرۈش ۋە مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، بۇ تىپتىكى شامال گېنېراتورى گۇرۇپپىسىنىڭ قۇرۇلمىسى - لايىھىلىنىشى ئەقىلگە مۇۋاپىق، ئىقتىدارى ئىشەنچلىك، مەملىكىتىمىزدە تۇنجى قېتىم تەتقىق قىلىپ ئىشلەنگەن 600 كىلوۋاتلىق شامال

گېنېراتورى گۈرۈپپىسى بولۇپ، ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەتقىق قىلىنىپ ياساپ چىقىلىشى بىلەن دۆلىتىمىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقى تولدۇرۇلدى، بۇ گېنېراتورنىڭ ئىقتىدارى چەت ئەلدىن كىرگۈزۈلگەن شامال گېنېراتور گۈرۈپپىسىنىڭكىگە ئوخشاش بولۇپ، مەملىكىتىمىز بويىچە ئىلغار سەۋىيىگە ئىگە، دەپ قاراپ، باھالاشتىن ئۆتكۈزۈشكە ۋە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشقا قوشۇلدى. بۇ شامال گېنېراتورى كەڭ دائىرىدە قوللىنىش ئىستىقبالىغا، بىر قەدەر چوڭ ئومۇملاشتۇرۇش قىممىتىگە ئىگە بولۇپ، كۆلەملەشتۈرۈپ، كەسىپلەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تېخنىكىلىق ۋە ئىقتىسادىي شارائىتىنى ھازىرلىدى.

چالڭ چۈن

## CAD تېخنىكىسىنى قوللىنىش قۇرۇلۇشى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندا CAD تېخنىكىسىنى قوللىنىش قۇرۇلۇشىدا تەشكىلىي رەھبەرلىك ئاپپاراتلىرى، CAD تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش، قوللىنىش بويىچە مەسلىھەتچىلىك - مۇلازىمەتلىق سىستېمىسى قۇرۇلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. ماشىنىسازلىق، ئېلېكترون، توقۇمىچىلىق، نېفىت، يېنىك سانائەت، قۇرۇلۇش قاتارلىق ئاساسىي تارماقلاردا CAD تېخنىكا مۇلازىمەتلىقى مەركەزلىرى قۇرۇلدى، CAD تېخنىكىسىنى قوللىنىش قۇرۇلۇشى بويىچە 15 تەربىيىلەش تور - نۇقتىسى تەسىس قىلىندى، CAD تېخنىكىسى بويىچە قوللاش - مۇلازىمەتلىق سىستېمىسى قۇرۇلۇشى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى. بىر يىلدا 60 نەچچە قارار CAD تېخنىكىسىنى ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلىپ، CAD تېخنىكىسىنى قوللىنىش بويىچە 3000 دىن كۆپرەك ئىختىساسلىق خادىم يېتىشتۈرۈلدى، 20 نەچچە قارار CAD تېخنىكىسى مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى ياكى ئۇنىڭغا قاتنىشىلدى، 50 نەچچە كارخانىغا تېخنىكا جەھەتتىن ھەقسىز مەسلىھەت بېرىلدى. نۇقتىلىق كارخانىلار 2 ئۆلچەملىك بولۇشتىن 3 ئۆلچەملىك بولۇشقا، CAD/CAM دىن كارخانىنى تامامەن ئۇچۇرلاشتۇرۇش يۆنىلىشىگە، يەككە كومپيۇتېردىن تورلاشتۇرۇش يۆنىلىشىگە قاراپ راۋاجلىنىشقا باشلىدى.

چالڭ چۈن

## «ئۇچقۇن» پىلانىنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ «ئۇچقۇن» پىلانىدا يېڭىدىن يولغا قويۇلغان تۈرلەر ئاساسەن «ئۇچقۇن» تېخنىكىسى مۇجەسسەملەشكەن رايونلارغا ۋە رايون خاراكتېرلىك تۈۋرۈك كەسىپلەرگە مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، رايونلار ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىسىنى قۇرۇلۇشلىرىغا ۋە كەسىپلەشتۈرۈپ ئېچىشقا نۇقتىلىق مەدەت بېرىلدى، بولۇپمۇ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى زاپاس ساقلاش، ئۆز پېتى ساقلاش، توشۇش، ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەشنى قوللاش سالمىقى ئاشۇرۇلدى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تېخنىكا تەرەققىياتىنى قوللاش جەھەتتە يېڭى تېخنىكا كىرگۈزۈش ۋە يېڭى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش گەۋدىلەندۈرۈلدى ھەمدە يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەش ساھەسىگە پائال قاتنىشىشقا مەقسەتلىك يېتەكچىلىك قىلىندى ۋە مەدەت بېرىلدى.

شۇ يىلى يېڭىدىن 26 تۈر يولغا قويۇلدى، بۇلارغا پىلان بويىچە 392 مىليون 360 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە بانكىدىن قەرز ئېلىنغىنى 142 مىليون 360 مىڭ يۈەن، ئۆز ئالدىغا ھەملەنگىنى 217 مىليون 370 مىڭ يۈەن، باشقا يوللار بىلەن سېلىنغىنى 32 مىليون 630 مىڭ يۈەن، بۇ تۈرلەر ئىچىدە رايون خاراكتېرلىك تۈۋرۈك كەسىپلەرگە تەئەللۇق بولغىنى 14 تۈر، يېڭى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشقا ياكى يېڭى تېخنىكا كىرگۈزۈشكە تەئەللۇق بولغىنى 21 تۈر، «ئۇچقۇن» پىلانى بويىچە شەرق بىلەن غەربنىڭ ھەمكارلىشىشىغا تەئەللۇق بولغىنى 7 تۈر.

1999 - يىلى مۇتلەق كۆپ ساندىكى «ئۇچقۇن» تۈرلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى، پايدا - باج سوممىسى 1998 - يىلدىكىدىن مۇئەييەن دەرىجىدە ئاشتى، بەزى كارخانىلار يەنە تېز تەرەققىي قىلدى. 11 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئىلگىرىكى يىلدىكىدىن قېپقالغان تۈرلەرنىڭ مەھسۇلات قىممىتى يېڭىدىن 964 مىليون 200 مىڭ يۈەن ئاشتى، پايدا - باج سوممىسى يېڭىدىن 194 مىليون يۈەن ئاشتى.

1999 - يىلى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ۋە ئاياغلاشتۇرۇش بەلگىلەنگەن تۈر 37 بولۇپ، بۇلاردىن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنغان تۈر 15، ئاياغلاشتۇرۇلغان تۈر 11، يىل ئاخىرىغىچە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ۋە ئاياغلاشتۇرۇش پىلانلانغان تۈر 6، مۇددىتىنى ئۇزارتىش توغرىسىدا پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلغان تۈر 5. تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنغان ئاياغلاشتۇرۇلغان 26 تۈر ئىچىدە توختامدىكى ۋەزىپە ئاشۇرۇپ ئورۇندالغان تۈر 10، توختامدىكى ۋەزىپە ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندالغان تۈر 8، ئورۇندالمىغان ياكى قىسمەن پەرق بار تۈر 8، يارىتىلغان مەھسۇلات قىممىتى 225 مىليون يۈەن، پايدا - باج سوممىسى 47 مىليون 250 مىڭ يۈەن.

تۈلڭ جۇڭخۇا

## «مەشئەل» پىلانىنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «مەشئەل» پىلانىدىكى 70 تۈرنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 751 مىليون 215 مىڭ يۈەنگە، سېتىش كىرىمى 700 مىليون 868 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 59 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە، باج سوممىسى 40 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىك «مەشئەل پىلانىدىكى 27 تۈرنىڭ شۇ يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 383 مىليون 253 مىڭ يۈەن، سېتىش كىرىمى 373 مىليون 899 مىڭ يۈەن، پايدىسى 46 مىليون 635 مىڭ يۈەن، باج سوممىسى 14 مىليون 191 مىڭ يۈەن بولدى؛ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك «مەشئەل» پىلانىدىكى 43 تۈرنىڭ شۇ يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 367 مىليون 962 مىڭ يۈەن، سېتىش كىرىمى 326 مىليون 969 مىڭ يۈەن، پايدىسى 13 مىليون 345 مىڭ يۈەن، باج سوممىسى 26 مىليون 439 مىڭ يۈەن بولدى.

1999 - يىل 9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ سانائەت پەن - تېخنىكىسى باشقارمىسىغا پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكىنىڭ «مەشئەل» يۇقىرى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات مەركىزى تەرىپىدىن «مەشئەل پىلانىنى يولغا قويۇش بويىچە ستاتىستىكا خىزمىتىدىكى مەملىكەتلىك ئىلغار كوللېكتىپ» دەپ نام بېرىلدى.

جاڭ يۇ

## «جۇڭگو 21 - ئەسىر قارالمىلىرى» ئالاھىدە تۈرلىرى

1998 - يىل 3 - ئايدىن باشلاپ ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلغان «تارىم ئويمانلىقىنىڭ بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى قوغداش ئۈستىدىكى تەتقىقات» تۈرى — جۇڭگو، كانادا ھۆكۈمەتلىرىنىڭ كېلىشىمىگە ئاساسەن شىنجاڭدا ئىجرا قىلىنغان «جۇڭگو 21 - ئەسىر قارالمىلىرى» ئالاھىدە تۈرلىرىنىڭ بىرى. 1999 - يىل 5 - ئايدا ئۈرۈمچىدە تۈر بىرلەشمە يېتەكچىلىك كومىتېتىنىڭ 2 - قېتىملىق يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، بۇ تۈر ئىجرا قىلىنغان بىر يىلدىن بۇيان نېفىت، گاز، سۇ بايلىقى جەھەتلەردىكى خىزمەتلەرنىڭ ئىشلىنىش ئەھۋالى ۋە ساقلانغان مەسىلىلەر ئومۇميۈزلۈك يەكۈنلەندى ۋە باھالاندى. بۇ تۈرنى داۋاملىق يولغا قويۇشقا دائىر يېڭى باشقۇرۇش ئەندىزىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ تۈر يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، 100 نەچچە (قېتىم) مۇتەخەسسىس ئالماشتۇرۇلدى، ئىمپورت قىلىنغان ئەسۋاب - سايمان، ئۈسكۈنىلەرمۇ ئۆز ۋاقتىدا يېتىپ كەلدى ھەمدە ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. تۈرنىڭ ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، جۇڭگو تەرەپتىن تۈرنى ئىجرا قىلغۇچى ئورۇنلار غەملەيدىغان مەبلەغ يېتەرلىك بولماسلىقتەك مەسىلىلەرگە ئاساسەن، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق، 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون مالىيىسىدىن مەخسۇس 2 مىليون يۈەن ئاجرىتىلىپ، مەزكۇر تۈردىكى سۇ بايلىقى تەتقىقاتىغا سەرپ قىلىندى.

جوڭ جيەن

## شىنجاڭ زېمىنىنى گۈزەللەشتۈرۈش پەن - تېخنىكا ھەرىكىتى پىلانى

بۇ تۈر 1999 - يىلى رەسمىي يولغا قويۇلدى، بۇ — غەربىي شىمالدىكى 5 ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننىڭ زېمىنىنى گۈزەللەشتۈرۈش پەن - تېخنىكا ھەرىكىتى پىلانىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. شىنجاڭنىڭ زېمىنىنى گۈزەللەشتۈرۈش پەن - تېخنىكا ھەرىكىتى پىلانىغا ئاساسەن، تۈنجى تۈركۈمدە 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن پەن - تېخنىكا سېلىنمىسى سېلىندى، بۇ تۈر ئىستراتېگىيە ۋە پىلانلاش، سۇ بايلىقىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى تۈزەش ۋە قۇرغاق رايونلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك كەسىپلىرى قاتارلىق 4 ئاساسىي ساھەدىكى 9 تېمىغا چېتىلدى، بۇ تۈردە ئاپتونوم رايوننىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت سۈپىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش شەرتى بىلەن مۇھىم دەريا، كۆل ۋادىلىرى، بوستانلىق ئەتراپلىرى، غول تاشيول ۋە تۆمۈريول بويلىرى، قېزىلما بايلىقلارنى ئېچىش بەلۋاغلىرى، سۇ يۆتكەش قۇرۇلۇشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك رايونلارنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت تەڭپۇڭلۇقىنى قوغداشتا زۆرۈر بولىدىغان سۇ بايلىقىنى مۇۋاپىق ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش، سۇنى كۆپەيتىش تېخنىكىسى، سۇ - تۇپراقنى ساقلاش تېخنىكىسى، چۆللىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش تېخنىكىسى، بۇلغانغان تۇپراقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تېخنىكىسى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى ئاجىز جايلارنى تۈزەش تېخنىكىسى بويىچە تەتقىقات قانات يايدۇرۇلدى؛ سۇ بايلىقى جەھەتتىكى يوشۇرۇن ئىمكانىيەت ۋە كۆتۈرۈش ئىقتىدارى ئۈستىدىكى تەتقىقات، رايون سۇ بايلىقىنى ئۇنىۋېرسال تەقسىملەش ۋە تەڭشەش - تىزگىنلەش ئەندىزىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات، چوڭ - چوڭ سۇ باشلاش قۇرۇلۇشىغا دائىر ئىستراتېگىيە ئۈستىدىكى تەتقىقات قانات يايدۇرۇلدى؛ «پۈتۈن مەملىكەتنىڭ مۇھىت قۇرۇلۇشى پىلانى»نىڭ يولغا قويۇلۇشىغا بىرلەشتۈرۈپ، تارىم ئويمانلىقى، ئېبىنۇر كۆلى، باغراش كۆلىدە ئوخشاش بولمىغان ئاجىز ئېكولوگىيە رايونى،

ۋادىلارنىڭ مۇھىتىنى ئاسراش ۋە ئېكولوگىيىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تېخنىكىسى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىلدى؛ ئېكولوگىيىلىك تۈزەش تېخنىكىسىغا ئالاقىدار كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلىندى ۋە شۇنداق كەسىپلەر يېتىشتۈرۈلدى. شىنجاڭ زېمىنىنى گۈزەللەشتۈرۈش ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلۇشنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئىلمىي ئاساس ھەم ئومۇملاشتۇرغىلى بولىدىغان تېخنىكا، ئۈلگە كۆرسىتىش ئەندىزىسى ۋە ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشى تېخنىكا سىستېمىسى بىلەن تەمىن ئېتىلدى.

ئىجتىمائىي كۈچلەرنى تۈرلەرنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى ئادىل، ئاشكارا، ئۈنۈملۈك بولۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن، بۇ تۈرلەرگە ئاشكارا خېرىدار چاقىردى. جايلار ۋە ئورۇنلاردىن (ئىچكى جايلاردىكى تەتقىقات ئورۇنلىرى ۋە ئالىي مەكتەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) خېرىدار بولۇشنى تەلەپ قىلغان 58 پارچە ئىناۋەتلىك ئىلتىماسنامە تاپشۇرۇۋېلىندى. دەسلەپكى تەكشۈرۈش، قايتا تەكشۈرۈش ۋە خېرىدار بولغۇچىلارنىڭ سوئاللارغا ئاشكارا جاۋاب بېرىشى ئارقىلىق، سۈرۈشتۈرۈپ ئارقىلىق، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ دېھقانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە ۋە جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى ھەم ئالاقىدار ۋىلايەت، ناھىيە، شەھەرلەردىكى كەسىپ ۋە تېخنىكا ئومۇملاشتۇرۇش ئورۇنلىرى خېرىدارلىققا تاللاندى. كۆپلىگەن ئاساسىي تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش خىزمىتى ۋە دەسلەپكى تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلەش ئارقىلىق، تېمىلارنى ئۈستىگە ئالغان ئورۇنلار كونكرېت سىناق، ئۈلگە كۆرسىتىش خىزمەتلىرىنى ئىشلەشكە ئومۇميۈزلۈك كىرىشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكى 1 مىليون 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ چىقىرىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ «جۇڭگو غەربىي شىمال زېمىنىنى گۈزەللەشتۈرۈش پەن - تېخنىكا ھەرىكىتى پىلانى بويىچە ئاساسىي تەكشۈرۈش ۋە ئىستراتېگىيە ئۈستىدىكى تەتقىقات» ۋە «جۇڭگو غەربىي شىمال زېمىنىنى گۈزەللەشتۈرۈش پەن - تېخنىكا ھەرىكىتى پىلانىدىكى ئۈلگە كۆرسىتىدىغان رايونلار قۇرۇلۇشى (1 - تۈركۈم)» نىڭ شىنجاڭ قىسمىدىكى «ئۆگەن دەرياسى ۋادىسىدىكى بوستانلىقلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلۇشى ۋە يېزا ئىگىلىكىنى سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەندىزىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش» بويىچە تەتقىقات خىزمىتىگە مەدەت بەردى. تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە ئومۇملاشتۇرۇش ۋە قوللىنىش، كۆنىسىنى يامانلىشىپ كېتىۋاتقان ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى تىزگىنلەش ۋە ئوڭشاش ئۈچۈن تەجرىبە توپلاندى.

لى تيېجۈن

## 25 تۈر دۆلەت تەبىئىي پەن فوندىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتى

1999 - يىللىق دۆلەت تەبىئىي پەن فوندى تۈرلىرىنى باھالاشتا ئاپتونوم رايون باھالاشقا مەلۇم قىلغان 25 تۈر 3 مىليون 440 مىڭ يۈەن ياردەمگە ئېرىشتى. دۆلەت تەبىئىي پەن فوندى ئاپتونوم رايوننىڭ ئاساسى تەتقىقاتىنى قانات يايدۇرۇشىدىكى ئاساسىي مەبلەغ مەنبەلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىن دۆلەت تەبىئىي پەن فوندىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن 25 تۈر تۆۋەندىكىچە: جۇڭگونىڭ خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق مىللەتلىرىدىكى دېكسترو مېتورفاننىڭ ئوكسىدلىنىپ ماددا ئالماشتۇرۇش جەريانىدىكى كۆپ خىل ھالەتلىك مالىكۇلىلار مېخانىزمى ئۈستىدىكى تەتقىقات» (شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى)، قىزىلچا زەمبۇرۇغلىرىنىڭ تاياقچە ۋىرۇس تارقىتىشنى باھالاش ۋە ئۇلارنىڭ پارچىلىنىشى ئۈستىدىكى تەتقىقات» (شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى)، نېرۋا تالاسى ۋە ئەسلى ئورنىدىكى راكنىڭ ئۆسۈپ ئېغىرلىشىشى» (شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى)، جۇڭگو پامىر ئېگىزلىكىدە ئۆسىدىغان تۈرلىرىنىڭ كۆپ خىللىقى ۋە نەسل ماددىي بايلىقى ئۈستىدىكى تەتقىقات (شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى)، شىنجاڭدا كېۋەزدىن پەۋقۇلئاددە يۇقىرى ھوسۇل ئېلىشتا غوزا ئېغىرلىقىنى ئاشۇرۇش مېخانىزمى ۋە تەڭشەش - تىزگىنلەش تېخنىكىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات (شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى)، كالتسىي، تىتان رۇدىلىرى تەركىبىدىكى ئوكسىدلارنىڭ سىكرو قۇرۇلمىسى ۋە كۈچلۈك ماگنىتلىق قارشىلىق ئېففېكتى (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى)، γ نۇرىدىن پايدىلىنىپ تۇرۇبىلاردىكى ماي كىرلىرىنى تەكشۈرۈش - ئۆلچەش ئۈستىدىكى تەتقىقات (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى)، مونوساخارىد قوش ھالقىلىق فوسفورىت ئېستېرى مېتال ماسلاشتۇرغۇچىنىڭ بىرىكىشى ۋە قۇرۇلمىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى)، شىنجاڭدا قىزىلچىنىڭ قېرىشىلىنىغاندىن كېيىن سېسىپ كېتىشىنى خىمىيىلىك تىزگىنلەش ۋە قىزىلچىنى ئۇزۇن ساقلاش ئۈستىدىكى تەتقىقات (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى)، مانگان Ⅳ ئوكسىدى ئېلېكتر قۇتۇبى / ئېرىتمە تېگىش يۈزىدە ئېلېكترونلارنىڭ يۆتكىلىش جەريانى ئۈستىدىكى تەتقىقات (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى)، چاشقان سۈزۈك بەلۋېغى DNA ئىممۇنىتېتىدىن پايدىلىنىپ تۇغماسلىق ۋاكسىنىسى ياساش ئۈستىدىكى تەتقىقات (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى)، ئادەم ئەمچەك تۇگمىسى ئۆسمىسى ۋىرۇسىنىڭ 16 تىپلىق E7 يادرو كىسلاتاسى ۋاكسىنىسىنى ياساش ئۈستىدىكى تەتقىقات

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى)، تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي رايونىدىكى بوستانلىقلارنىڭ سۇ بايلىقىدىن پايدىلىنىش ۋە يەر يۈزى مۇھىتى ئېففېكتى ئۈستىدىكى تەتقىقات (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى)، شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىدىكى كوررېكتورلۇق ئۈستىدىكى تەتقىقات (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى)، لازېر نۇرلۇق ماتېرىياللارنىڭ مىكرو تۈزۈلۈشى ھەققىدىكى نەزەرىيە ۋە تەجرىبە ئۈستىدىكى تەتقىقات (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى)، شىنجاڭنىڭ كۆزكۆم گۈلى ئۇرۇقدىشىدىكى ئۆسۈملۈكلەر بايلىقى ۋە تۈر بىئولوگىيىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات (شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى)، بېدە سارغىيىپ يىگىلەش كېسەللىكى باكتېرىيىسىنىڭ كاراتىن قىلغاندىكى بىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى ئۈستىدىكى تەتقىقات (شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى)، تەڭرىتاغ شەمشاد يافىچى قالدۇقلىرىنىڭ ئېكولوگىيىلىك رولى ئۈستىدىكى تەتقىقات (شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى)، بادامنىڭ چاڭلىشىشىدىكى يېقىنسىزلىق خۇسۇسىيىتىنىڭ بىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى ئۈستىدىكى تەتقىقات (شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى)، شاخ باكتېرىيىسى بىلەن زەمبۇرۇغ ۋە قۇمنى مۇقىملاشتۇرغۇچى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىشى ھەم ئۇلارنىڭ مېخانىزمى ئۈستىدىكى تەتقىقات (شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى)، ئۇيغۇر تېبابىتىدە جىگەر ياللۇغىنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان كاسىنە ئۇرۇقدىشىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ خىمىيىلىك تەركىبى ۋە بىئولوگىيىلىك ئاكتىپلىقى ئۈستىدىكى تەتقىقات (شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەت دورىلىرى تەتقىقات ئورنى)، ھەرىكەتچان تۇرغۇن يۇلتۇزلار سىستېمىسى يادروسىنىڭ دولقۇنلىرىنى ئۇزاق مۇددەت كۆزىتىش پىلانى (جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۈرۈمچى رەسەتخانىسى)، شىنجاڭ ئاق تۇرنىسى ۋە قارا تۇرنىسىنىڭ كۆپىيىش ئېكولوگىيىسى، تۈر تىپلىرىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ھەم يېقىن قېرىنداشلارنىڭ رىقابەتلىشىشى ئۈستىدىكى تەتقىقات (جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى)، بوستانلىق شەھەرلىرى مۇھىتىنىڭ سىغدۇرۇش ئىقتىدارى ۋە ئېكولوگىيىلىك تەڭشىلىشى (جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى)، ئارسىننىڭ راك پەيدا قىلىش مېخانىزمىغا دائىر ھۈجەيرە مالېكۇلا بىئولوگىيىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات (شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى).

ۋاڭ شۆسەي

## 1821 پەن - تېخنىكا ئارقىلىق ھاللىق سەۋىيىگە يۈرۈش قىلىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش قۇرۇلۇشى تۈرى تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى

1999 - يىل 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى مۇتەخەسسىسلەرنى «1821 پەن - تېخنىكا ئارقىلىق ھاللىق سەۋىيىگە يۈرۈش قىلىش بويىچە ئۈلگىلىك يېزا - بازار قۇرۇلۇشى» تۈرىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشقا تەشكىللىدى. بۇ تۈر ئەسلىدە بەلگىلەنگەن كۆرسەتكۈچلەر ئورۇندىلىپ ياكى ئاشۇرۇپ ئورۇندىلىپ، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى، مەنىۋى مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكا باشقۇرۇش، ئىجتىمائىي ئۈنۈم، ئىقتىسادىي ئۈنۈم قاتارلىق جەھەتلەردە خېلى زور نەتىجىلەرگە ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن، تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى.

1. پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىدىكى نەتىجىلەر. پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ يېزا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىغا قوشقان تۆھپىسى ئۈلگە كۆرسىتىلگەن يېزا - بازارلاردا %45تىن كۆپرەككە يېتىپ، ئادەتتىكى يېزا - بازارلارنىڭكىدىن 5 — 10 پىرسەنت پونكىت كۆپ بولدى. سۈپەتلىك ئۇرۇقلارنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشى %90كە، چارۋا نەسلىنىڭ ياخشىلىنىش نىسبىتى %75كە، يېڭى تېخنىكىلارنى قوللىنىش نىسبىتى %75 تىن كۆپرەككە يەتتى. 5 يىلدىن بۇيان، يېزا - بازارلار تەربىيىلىگەن دېھقان - چارۋىچى 2 مىليون 250 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يېتىپ، ئومۇمىي ئەمگەك كۈچىنىڭ تەخمىنەن %80نى ئىگىلىدى، ئىمتىھان ئېلىش، تەكشۈرۈش ئارقىلىق 19 مىڭ 300 دېھقان تېخنىك باھالاپ چىقىلدى، يېزىلار ھەر يىلى 5 ئۆپچۆرىسىدە يېزا - ئىگىلىك پەن - تېخنىكا نەتىجىسى ۋە ئىلغار، يارامىلىق تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇردى.

2. مەنىۋى مەدەنىيەتلىك نەتىجىلىرى. پەن - تېخنىكا ئارقىلىق ھاللىق سەۋىيىگە يۈرۈش قىلغان يېزا - بازارلاردا ئاسفالت يوللار ياسالدى، مەھەللىلەر پىلانلاندى، يەنە شىپاخانا، مەدەنىيەت پونكىتى، مەكتەپ قاتارلىق مۇئەسسەسەلەر ياسالدى، بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى %95تىن ئاشۇرۇلدى، پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش نىسبىتى بەلگىلەنگەن كۆرسەتكۈچتىن ئاشۇرۇۋېتىلىدى، ئۈلگە كۆرسىتىلىدىغان يېزا - بازارلارنىڭ تەخمىنەن %30ى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ھاللىق سەۋىيىگە يۈرۈش قىلىش، پەن - تېخنىكا خىزمىتى جەھەتلەردە ئىلغار كوللېكتىپ، دېگەن نامغا ئېرىشتى، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ مەنىۋى قىياپىتىدە چوڭ ئۆزگىرىش بولدى.

3. پەن - تېخنىكا باشقۇرۇش نەتىجىلىرى. پەن - تېخنىكا باشقۇرۇشى جەھەتتە «4433 يېزا پەن - تېخنىكا تۈزۈلمىسى رامكىسى» يەنى: 4 سىستېما (پەن - تېخنىكا ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىش ۋە ئۇنى باشقۇرۇش، پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە مۇلازىملىق، پەن - تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش، پەن - تېخنىكا جەھەتتىن ئۈلگە كۆرسىتىش) بەرپا قىلىش، «تۆت ئۈلگە كۆرسەتكۈچى» (پەن -

تېخنىكىدا ئۆلگە كۆرسەتكۈچى يېزا، كەنت، ئائىلە كارخانىلار)نى چىڭ تۇتۇش، «ئۈچ رول» (ناھىيىلىك، يېزىلىق پەن ـ تېخنىكا كومىتېتلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال فۇنكسىيىلىك رولى، پەن ـ تېخنىكىدا ئۆلگە كۆرسەتكەن يېزىلارنىڭ ئۈلگىلىك رولى، پەن ـ تېخنىكىدا ئۆلگە كۆرسەتكەن ئائىلىلەرنىڭ ۋاستىچىلىك رولى)نى جارى قىلدۇرۇش، «ئۈچ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش» (ئىقتىسادىي تەرەققىيات نىشانى، پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى نىشانى، ئىجتىمائىي تەرەققىيات نىشانى) ئوتتۇرىغا قويۇلدى. يېزا ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى جەھەتتە، پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق «ھالىلىق سەۋىيە تىپىدىكى ئىقتىسادىي قۇرۇلما»نى بەرپا قىلىش تەلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. خىزمەت تەسەۋۋۇرى جەھەتتە، «تۆتنى تۇتۇش، تۆتنى قولغا كەلتۈرۈش، تۆتكە بېرىش، ئۈچتە بۆسۈش ھاسىل قىلىش، بىرنى كۈچەيتىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. «تۆتنى تۇتۇش»: (1) تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىگە دائىر تەتقىقاتنى، مەسىلەن، تەرەققىيات پىلانى ۋە ئالاقىدار سىياسەت قاتارلىقلارغا ئائىت تەتقىقاتنى ماكرو جەھەتتىن تۇتۇش؛ (2) پەن ـ تېخنىكا سىستېمىسى قۇرۇلۇشنى، يەنى پەن ـ تېخنىكا باشقۇرۇشى، پەن ـ تېخنىكا ئومۇملاشتۇرۇش ـ مۇلازىملىق، پەن ـ تېخنىكا بويىچە تەربىيىلەش، پەن ـ تېخنىكىدا ئۆلگە كۆرسىتىشتىن ئىبارەت 4 چوڭ سىستېما بەرپا قىلىش ۋە ئۇلارنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى تۇتۇش؛ (3) مىكرو جەھەتتە مۇھىم نۇقتىنى يەنى يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كىرگۈزۈش ۋە ئومۇملاشتۇرۇشنى تۇتۇش؛ (4) ئۆلگە كۆرسىتىشنى يەنى ئۆلگە كۆرسەتكەن يېزا، كەنت، ئائىلە، كارخانا، بازار، رايون قۇرۇلۇشنى مۇھىم ھالقا قىلىپ تۇتۇش. «تۆتنى قولغا كەلتۈرۈش»: (1) رەھبەرلىكنىڭ قوللىشىنى، ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ قوللىشىنى، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ قوللىشىنى، مەبلەغنى قولغا كەلتۈرۈش. «تۆتكە بېرىش»: بازارغا، ئالىي مەكتەپلەر ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئورۇنلىرىغا، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا، ئاساسىي قاتلامغا بېرىش. «ئۈچتە بۆسۈش ھاسىل قىلىش»: ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا، پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىدا، پەن ـ تېخنىكا باشقۇرۇشتا بۆسۈش ھاسىل قىلىش. «بىرنى كۈچەيتىش»: ھەر دەرىجىلىك پەن ـ تېخنىكا كومىتېتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىش.

4. ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئۈنۈم. ئۆلگە كۆرسەتكەن 105 يېزا ـ بازاردا ئاشلىقنىڭ مو بېشى ھوسۇلى 491.5 كىلوگرامغا يېتىپ، تۈر ئىجرا قىلىنىشتىن ئىلگىرىكىدىن %32.9 ئاشتى، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %5.9 ئاشتى، ئاساسلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ بىرلىك ھوسۇلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتتۇرىچە سەۋىيىدىن يۇقىرى بولدى. يېزا ـ بازارلار «پەن ـ تېخنىكا، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانى»، «يېزا ـ بازارلارنىڭ پەن ـ تېخنىكا خىزمىتى مەسئۇلىيىتى»، «پەن ـ تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىقلار ۋە پەن ـ تېخنىكا كادىرلىرىنىڭ ئىش ئورنى مەسئۇلىيىتى»، «پەن ـ تېخنىكىدا ئۆلگە كۆرسەتكەن كەنت، پەن ـ تېخنىكىدا ئۆلگە كۆرسەتكەن ئائىلە بەرپا قىلىشنىڭ سىناق چارىسى» قاتارلىق باشقۇرۇش چارىسى ۋە بەلگىلىمىلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، يېزىلارنىڭ پەن ـ تېخنىكا خىزمىتىنى يۇمشاق ۋەزىپىدىن تەكشۈرۈشكە بولىدىغان قاتتىق ۋەزىپىگە ئايلاندۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، تەبىئىي بايلىق ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغدىدى. دېھقانلارنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى ھەسسىلەپ كۆپەيدى، يېزا ئىقتىسادىنىڭ تېز راۋاجلىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

چېن جيەنخۇا

## دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق يېڭى مەھسۇلات پىلانى تۈرى يولغا قويۇلدى

1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 4 خىل يېڭى مەھسۇلات «دۆلەتنىڭ 1999 ـ يىللىق نۇقتىلىق يېڭى مەھسۇلات پىلانى»غا كىرگۈزۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 3 خىل يېڭى مەھسۇلات دۆلەتنىڭ 700 مىڭ يۈەن يېڭى مەھسۇلات قوشۇمچە ياردەم خىراجىتىگە ئېرىشتى. بۇ يېڭى مەھسۇلاتلار بازارغا سېلىنغاندىن كېيىن، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 35 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە، يىللىق پايدىسى 11 مىليون 973 مىڭ يۈەنگە يېتىشى مۇمكىن.

تاڭ يۇنرۇڭ

ئاپتونوم رايوندىن دۆلەتنىڭ 1999 ـ يىللىق نۇقتىلىق يېڭى مەھسۇلات پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن تۈرلەر

| يېڭى مەھسۇلات نامى ۋە ئۆلچىمى، تىپى | ئۈستىگە ئالغان ئورۇن |
|---|---|
| CYJQ10—5—48HY تىپلىق تەڭشىگىلى بولىدىغان، ئېنېرگىيە تېجەيدىغان ماي تارتىش ماشىنىسى | شىنجاڭ ئىستانوك 3 ـ زاۋۇتى |

| | |
|---|---|
| «داباڭ» ماركىلىق ماگنىتلاشتۇرۇلغان بىرىكمە ئوغۇت | شىنجاڭ «دېڭباڭ» ماگنىتلاشتۇرۇلغان بىرىكمە ئوغۇت ئىشلەش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى |
| ماشاراتتىن مۇداپىئەلىنىدىغان سايىۋەنلىك تور | ئۈرۈمچى شەھەرلىك كالتسىيلىق ماتېرىياللار باش زاۋۇتى |
| يول قاتناش ۋەقەسى يۈز بەرگەن نەق مەيداننى تېز ئۆلچەش - سىزىش ئەسۋابى XJ5040TKC قاتناش ۋەقەسىنى تەكشۈرۈش ئاپتوموبىلى | شىخەنزە شەھەرلىك ج خ قاتناش پەن - تېخنىكىسى تەتقىقات ئورنى |

## ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق يېڭى مەھسۇلات پىلانى تۈرى يولغا قويۇلدى

1999 - يىلى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ تەكشۈرۈشى ۋە تونۇشتۇرۇشى، ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ مۇتەخەسسىسلەرنى تەشكىللەپ باھالىشى ئارقىلىق، 12 خىل يېڭى مەھسۇلات ئاپتونوم رايوننىڭ 1999 - يىللىق نۇقتىلىق يېڭى مەھسۇلات پىلانىغا كىرگۈزۈلدى. 1999 - يىللىق يېڭى مەھسۇلاتلارنىڭ بىر مۇنچىسى شىنجاڭنىڭ بايلىقىدىن پايدىلىنىپ ئىشلەپچىقىرىلغان يېڭى مەھسۇلاتلاردۇر، مەسىلەن، پاختا تېرىش ماشىنىسى، زاراڭزا سۈتسىمان ئىچىملىكى، مۇزلۇق سۈيى، سىلىقلاش مېيى چېلىكى، چارۋا - ئۆي قۇشلىرى يەم - بوغۇزى قاتارلىقلار. بۇ يېڭى مەھسۇلاتلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى شىنجاڭنىڭ بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇشتا مۇئەييەن دەرىجىدە تۈرتكە بولىدۇ.

تاڭ يۇنرۇڭ

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق يېڭى مەھسۇلات پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن تۈرلەر

| يېڭى مەھسۇلات نامى ۋە ئۆلچىمى، تىپى | ئۈستىگە ئالغان ئورۇن |
|---|---|
| «شېڭمىڭخۇاڭ» زاراڭزا سۈتسىمان ئىچىملىكى | شىنجاڭ «شېڭمىڭخۇاڭ» زاراڭزا مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى |
| ئىلمە توقۇلما يۇمشاق - ئىسسىق يوتقان | شىنجاڭ «يۈخۇاڭ» ئىلمە توقۇلما باش زاۋۇتى |
| ھەسەل ئىچىملىكى | شىنجاڭ «شېڭمىڭخۇاڭ» ھەسەل مەھسۇلاتلىرى باش زاۋۇتى |
| ماشاراتلاردىن مۇداپىئەلىنىدىغان سايىۋەنلىك تور | ئۈرۈمچى شەھەرلىك كالتسىيلىق ماتېرىياللار - باش زاۋۇتى |
| (2) 4MZ−3 ئاپتوماتىك پاختا تېرىش ماشىنىسى | شىنجاڭ بىرلەشمە ماشىنىسازلىق گۇرۇھى مەسئۇلىيەت شىركىتى |
| بورما شەكىللىك قوش يۈزلۈك پايسىمان كەپشەرلەنگەن پولات تورۇبا | شىنجاڭ «ۋەنتۇڭ» چوڭ پولات تورۇبا زاۋۇتى |
| «بىڭكېلەي» ماركىلىق يۇقىرى ئوكسىگېنلىق مۇزلۇق سۈيى | شىنجاڭ «بىڭكېلەي» يېمەكلىك چەكلىك شىركىتى |
| CM−5 پاختا تېرىش ماشىنىسىنىڭ مەركەزدىن قاچما شامالچىسى | شىنجاڭ «خۇاشيا» پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى تەتقىقات ئورنى |
| ئاپتوماتىك پايسىمان كەپشەرلەنگەن H تىپلىق پولات | شىنجاڭ «گۇاڭجىباڭ» پەن - تېخنىكا ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتى |
| تورلۇق باسما پولى ئېتىلېن سۇلياۋ چېلىكى | قاراماي «خېلى» چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى |

| | |
|---|---|
| چارۋا - ئۆي قۇشلىرىغا بېرىلىدىغان بىرىكمە ئارىلاشما، پرىسلانما يەم - بوغۇز | ئۈرۈمچى «تيەنكاڭ» چارۋىچىلىق پەن - تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى |
| VVVF ئۆزگىرىشچان چاستوتىلىق، سۇرئىتىنى تەڭشىگىلى بولىدىغان لىفىت | شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» لىفىت چەكلىك شىركىتى |

## يۇمشاق پەن تەتقىقاتى خىزمىتى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا پىلانىدا 9 تۈرلۈك يۇمشاق پەن تەتقىقات تۈرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلان تۈرى 8، يېتەكچى خاراكتېرلىك تۈر بىر بولۇپ، ئۇلارغا 430 مىڭ يۈەن تەتقىقات خىراجىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. شۇ يىلى يۇمشاق پەن تەتقىقات تۈرىدە جەمئىي 11 تۈر ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى بىر، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 3، 4 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 7.

1999 - يىلى يۇمشاق پەن تەتقىقاتى بويىچە 9 تۈر تاماملاندى ھەم تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 6 سى بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلان تۈرى، 3ى يېتەكچى خاراكتېرلىك پىلان تۈرى.

11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى «ئۈرۈمچى نېفىت - خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىنىڭ ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقى ئىستراتېگىيىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات» تۈرى تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى. بۇ تەتقىقات تۈرى شىنجاڭنىڭ ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقى مەسىلىسىگە دائىر تۇنجى قېتىملىق تەتقىقات ھېسابلىنىدۇ.

11 - ئاينىڭ 24 - كۈنى كادىرلار نازارىتى تەشكىللىگەن «شىنجاڭنىڭ بىر پۈتۈن ئىختىساسلىقلار بايلىقىدىن پايدىلىنىش ئۈستىدىكى تەتقىقات» تۈرى تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى. بۇ تەتقىقات تۈرىدە ئىختىساسلىقلار شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى چەكلەپ تۇرىۋاتقان «بوغۇز» ئىكەنلىكىدەك ئەمەلىي ئەھۋال ئاساس قىلىنىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىختىساسلىقلار بايلىقىدىن پايدىلىنىش ئۈستىدە ئەسىر ھالقىپ پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئىنتايىن كۈچلۈك رېئاللىقلىقلىقا، قاراتمىلىقلىقا ۋە ئالدىن كۆرەرلىككە ئىگە بىر پۈتۈن ئىستراتېگىيە ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى شىنجاڭ دېھقانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى رىياسەتچىلىك قىلغان «شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى سىجىل، مۇقىم، ماس تەرەققىي قىلدۇرۇشقا دائىر بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدىكى تەتقىقات» تۈرى تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى. بۇ تەتقىقات تۈرىدە شىنجاڭنىڭ قۇرغاق يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئالاھىدىلىكى يىغىنچاقلاندى ھەم شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىدىكى ئاساسىي مەسىلىلەر، تەرەققىيات يۆنىلىشى ۋە نىشان - تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇ تەتقىقات نەتىجىسى خېلى كۈچلۈك ئەمەلىي قوللىنىش قىممىتىگە ۋە يولغا قويۇشقا ئەپلىك بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە.

12 - ئاينىڭ 22 - كۈنى بورتالا شەھىرىدە بورتالا ئوبلاستلىق مۇتەخەسسىسلەر مەسلىھەتچىلىك ئۆمىكى رىياسەتچىلىك قىلغان «ئېبىنۇر كۆلى ئېكولوگىيىسىنىڭ ئۆزگىرىش يۈزلىنىشى ۋە ئۇنى ئۇنىۋېرسال تىزگىنلەش تەدبىرلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقات» تېمىسى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى. بۇ تەتقىقات تۈرىدە نوپۇس، بايلىق، مۇھىت ۋە تەرەققىياتنى ئۆز ئارا ماسلاشتۇرۇش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، ئىنسانلارنىڭ قارىغۇلارچە ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ھەرىكەتلىرى پەيدا قىلغان كۆلنىڭ كىچىكلەپ كەتكەنلىكى، كۆل مۇھىتىنىڭ يامانلىشىپ كەتكەنلىكى كۆپ قاتلام بويىچە چۈشەندۈرۈپ بېرىلدى، رايون ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە تەرەققىيات يۈزلىنىشى سېستىمىلىق بايان قىلىندى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىپ تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

لىيۇ جيەنپو، جاڭ چۈن

## نامراتلارنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يۆلەش

1999 - يىلى نامراتلارنى يۆلەش جىڭى ئېلىپ بېرىلغان ھالقىلىق بىر يىل بولدى. ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش خىزمىتىنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە قويۇپ، مەخسۇس يىغىن ئېچىپ، قاراقاش ناھىيىسىدىكى نامراتلارغا پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يار - يۆلەك بولۇش خىزمىتىنى مۇھاكىمە قىلدى، نامراتلارغا نۇقتا بەلگىلەپ يار - يۆلەك بولۇش خىزمىتىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىلىرىنى ۋە نىشانىنى بەلگىلىدى. ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى قاراقاش، كېرىيە، نىيە ناھىيىلىرىگە بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، يېزا پەن - تېخنىكا خىزمىتى باشقارمىسىنىڭ كادىرلىرى 3 قېتىم قاراقاش ناھىيىسىگە قاراشلىق يېزا، كەنتلەرگە، ئائىلىلەرگە بېرىپ، ئەھۋالنى ئەتراپلىق ئىگىلىدى ھەم خوتەن ۋىلايەتلىك، قاراقاش

ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتلىرى بىلەن بىرلىكتە مەزكۇر ناھىيىدىكى كادىرلار ۋە ئاممىنى قاتناشتۇرۇپ سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، ئاممىنىڭ قورساق توق، كىيىم پۈتۈن بولۇش مەسىلىسىنى تېزدىن ھەل قىلىش تەدبىرلىرى توغرىسىدا بىرلىكتە مۇزاكىرىلەشتى. قاراقاش ناھىيىسى ئاقساراي يېزىسىنىڭ چىنەباغ كەنتى، كۆيا يېزىسى سايات كەنتىنىڭ نامراتلارغا پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يار - يۆلەك بولۇش بويىچە خىزمەت پىلانى ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ يولغا قويۇش لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقىشقا ياردەم بەردى. ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قاتناش قورالى كەمچىل بولۇشتەك قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى قاراقاش ناھىيىسىگە «بېيجىڭ — 213» تىپلىق جىپ ئىئانە قىلدى. 1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ نازارەت - ئىدارە دەرىجىلىك رەھبەرلىرىدىن 5 كىشى (قېتىم)، باشقارما دەرىجىلىك كادىرلىرىدىن 23 كىشى (قېتىم)، كەسپىي كادىرلاردىن 30 كىشى (قېتىم) قاراقاش، گۇما، چىرا، لوپ، كېرىيە، نىيە ناھىيىلىرى ۋە خوتەن شەھىرىگە نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى بويىچە تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىشقا باردى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق، خوتەن ۋىلايەتلىك، قاراقاش ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتلىرى بىرلىكتە قاراقاش ناھىيىسى ئاقساراي يېزىسىنىڭ چىنەباغ كەنتى ۋە كۆيا يېزىسىنىڭ سايات كەنتىدىن ئىبارەت ئەڭ نامرات 2 كەنتكە نۇقتىلىق ياردەم بەردى ھەم ئۇ كەنتلەرنى نامراتلارنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يۆلەش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىلىدىغان كەنت قىلدى. نامراتلارنى يۆلەشتە تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق، قول سانائىتى، قوشۇمچە كەسىپ قاتارلىقلارنى راۋاجلاندۇرۇش مۇھىم نۇقتا قىلىندى. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نىشانىنى ۋە خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ھەربىر نامرات دېھقان ئائىلىسىگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ئۈچ دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتلىرى يېزا رەھبەرلىرى بىلەن، يېزا رەھبەرلىرى كەنت كادىرلىرى بىلەن، يېزا كادىرلىرى نامرات ئائىلىلەر بىلەن نامراتلارغا ياردەم بېرىش مەسئۇلىيەت توختامنامىسى ئىمزالىدى. نامراتلارنى يۆلەش ۋەزىپىلىرى كەنتلەرگىچە، مەبلەغ كەنت، ئائىلىلەرگىچە، نامراتلارنى يۆلەش تەدبىرلىرى ئائىلىلەرگىچە، نامراتلارنى يۆلەش تۈرلىرى ئائىلىلەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. خوتەن ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى، ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى 8 نەپەر قابىل كادىرنى بۇ ئەڭ نامرات 2 كەنتكە تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىشقا، بايقالغان مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىشقا ياردەملىشىشكە ئەۋەتتى، ئۇلارنىڭ كونكرېت ئۇسۇلى مۇنداق بولدى: (1) «تونىنا ئاشلىق ئېلىش ئەندىزىسى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش»، «كېۋەزنىڭ مو بېشىدىن 100 كىلوگرام ھوسۇل (ساپ پاختا) ئېلىش تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش»، «يۇقىرى ئۈنۈملۈك ھويلا - ئارام ئىگىلىكى ئەندىزىسى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش» قاتارلىق نامراتلارنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يۆلەش تۈرلىرىنى يولغا قويدى. (2) ھەربىر ئائىلىدە بىر مېۋىلىك باغ، بىر يېڭىش ئۈزۈم تېلى، بىر قوتان چارۋا، بىر قوتا پىلە، بىر گىلەم، بىر مو كۆكتاتلىق (پاكى قوغۇن - تاۋۇزلۇق) بولۇشتىن ئىبارەت «ئالتە بىر» قۇرۇلۇشىنى يولغا قويدى. (3) باقمىچىلىقنى پائال راۋاجلاندۇردى، 1999 - يىلى توخۇ باقىدىغان ئائىلىدىن 45نى، كەپتەر باقىدىغان ئائىلىدىن 25نى، توشقان باقىدىغان ئائىلىدىن 20نى، قوي باقىدىغان ئائىلىدىن 30نى، پەن - تېخنىكىدا ئۈلگە كۆرسىتىدىغان ئائىلىدىن 30نى كۆپەيتتى ھەم نامراتلارنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يۆلەش مەبلىغىدىن پايدىلىنىپ چۆجە، نەسىللىك كەپتەر، نەسىللىك توشقان سېتىۋېلىپ، نامرات دېھقان ئائىلىلىرىگە تارقىتىپ بەردى. (4) قول سانائىتى، قوشۇمچە كەسىپلەرنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، كۆپ خىل ئىگىلىكنى قانات يايدۇردى، ياغاچچىلىق ئائىلىسىدىن 15نى، گىلەمچىلىك ئائىلىسىدىن 22نى كۆپەيتتى، بىر قىسىم مەبلەغ ئاجرىتىپ، نامرات ئائىلىلەرگە بەزى زۆرۈر ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلەرنى ئېلىپ بەردى. (5) دېھقانلارنى 33.33 گېكتار ئېگىز - پەس يەرنى تۈزلەشكە، 1.5 كىلومېتىر سۇ سىڭمەيدىغان ئېرىق - ئۆستەڭ ياساشقا تەشكىللىدى. (6) بىر تۈركۈم نامرات دېھقاننى مەدىكارچىلىق قىلىپ ئىقتىسادىي كىرىمىنى كۆپەيتىشكە تەشكىللىدى. شۇ يىلى 20 نەچچە نامرات ئائىلىنى ئاقسۇ ۋىلايىتىگە بېرىپ پاختا يىغىشقا تەشكىللەپ، ھەربىر ئائىلىنىڭ كىرىمىنى 600 نەچچە يۈەن كۆپەيتتى. بۇ 2 كەنتتە 1998 - يىلى 150 نامرات ئائىلە، 720 نامرات نوپۇس بار ئىدى، 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا نامرات ئائىلە 58 گە، نامرات نوپۇس 302گە ئازايدى. بۇنىڭ ئىچىدە چىنەباغ كەنتىدە 36 ئائىلە، 201 كىشى، سايات كەنتىدە 56 ئائىلە، 217 كىشى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

قاراقاش ناھىيىسىدىكى نامرات يېزا، كەنتلەردە دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ پەن - تېخنىكا ساپاسى بىر قەدەر تۆۋەن بولۇش مەسىلىسىگە ئاساسەن، 1999 - يىلى 17 قارار ھەرخىل تېخنىكا كۇرسى ئېچىلىپ، 1680 نەچچە كىشى تەربىيىلەندى. نامرات كەنتلەرگە 20 نەچچە خىل 1000 پارچىدىن كۆپرەك ئەمەلىي پەن -تېخنىكا كىتابى ھەدىيە قىلىندى. كۆپ خىل شەكىل بىلەن تەربىيىلەش ئارقىلىق، كۆپلىگەن نامرات دېھقان ئائىلىلىرى دېھقانچىلىق، قوشۇمچە كەسىپلەرگە ئائىت بىردىن 2 گىچە يارامىلىق تېخنىكا ئىگىلىۋالدى، بىر قىسىم دېھقانلار

نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش يولىغا ماڭدى. 1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى 3 تۈرلۈك پەن - تېخنىكا خىراجىتى %20 ئازىيىپ كەتكەن ئەھۋالدىمۇ، قاراقاش ناھىيىسىنىڭ نامراتلارنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يۆلەش خىزمىتىگە 330 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ نۇقتىلىق ياردەم بەردى. شۇنداقلا «ئۈچقۇن» پىلانى تۈرلىرىگە بېرىلگەن قەرز ئۆسۈمىدىن 80 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ، لوپ، خوتەن، قاراقاش ناھىيىلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا كومىتېتلىرىغا ۋە خوتەن ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتىغا ياردەم قىلدى.

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ نامرات يېزىلىرىغا 2167 قۇر كىيىم ئىئانە قىلدى، زاۋۇا يېزىسىغا 1.2 كۋادرات مېتىرلىق قۇياش نۇرى ئېنېرگىيىلىك مۇ ئىسسىتقۇچ، ئائىلىلەردە ئىشلىتىلىدىغان 50 ۋاتلىق فوتو ئېلېكتر ئۈسكۈنىسى تەقدىم قىلدى، شاخلىق كەتمەنگە كىچىك تراكتور ۋە يۇرۇشلەشكەن دېھقانچىلىق سايمىنى ئېلىپ بەردى. 50 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ، خوتەن ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى بىلەن قاراقاش ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتىغا كومپيۇتېر ئېلىپ بەردى، خەت بېسىش ماشىنىسى تەقدىم قىلدى، ئاخبارات ئورنىدا تور پونكىتى باش بېتى ئاچتى، كومپيۇتېر خادىملىرىنى تەربىيىلەشكە ياردەم بەردى. قاراقاش ناھىيىسىنىڭ ھەققانىيەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىش فوندى قۇرۇلۇشىغا 5000 يۈەن ياردەم قىلدى.

1998 - يىلى شىنجاڭدىن 10 كىشى پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشى بىلەن، نامراتلارنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يۆلەش بويىچە جېڭخۇا مۇكاپات فوندى بىلەن ۋاڭ يىشى مۇكاپات فوندىنىڭ مۇلازىمەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، ھەربىر كىشى 1500 يۈەندىن مۇكاپات ئالدى. مۇكاپاتلانغانلار: شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى باغۋەنچىلىك زىرائەتلىرى تەتقىقات ئورنىدىن ياڭ چېڭشى، يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ خوتەن ۋىلايەتلىك شۆبىسىدىن شىڭ كې، ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتىدىن لەي شىن، شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن خۇ جىدۇڭ، شىنجاڭ ئورمانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن ياڭ ۋېنجۇڭ، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن يى كەي، بېيجىڭ شەھەرلىك دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن چاڭ جيې، قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسىدىن گۇەن ۋېنچېڭ، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا ئورنىدىن مىرامگۈل، ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ قىزىلئۆي يېزىسىدىن خۇاڭ يەن.

چېن جيەنخۇا

# نەتىجە ۋە پاتېنت

## 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەتنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن تۈرلەر

2 - دەرىجىلىك مۇكاپات (2 تۈر)

شىنجاڭ بوغدا تىۋىت ئۆچكىسىنىڭ يېڭى نەسلىنى يېتىشتۈرۈش (ئۈرۈمچى شەھەرلىك تىۋىتلىق ئۆچكىچىلىك تەتقىقات ئورنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك كومىتېتى، ئۈرۈمچى ناھىيىلىك چارۋىچىلىق - مال دوختۇرلۇق پونكىتى، ئۈرۈمچى ناھىيىلىك سايئوپا يېزىسى؛ ئىرشات مالىك، يىرجان تولگىنتۇقان). «ت» تىپلىق جىگەر ياللۇغى ۋىرۇسىغا مولېكولا بىئولوگىيىلىك، سېرولوگىيىلىك دىئاگنوز قويۇش ئۇسۇلى ۋە تارقىلىشچان «ت» تىپلىق جىگەر ياللۇغى ئۈستىدە تەتقىقات (بېيجىڭ تېببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، جۇڭگو ئالدىنى ئېلىش تېببىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ۋىرۇسشۇناسلىق ئىلمىي تەتقىقات ئورنى، ش ئۇ ئا ر سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى؛ جۇاڭ خۇي، بى شېڭلى، لى فەن، جياڭ يۇڭجېن، جۇ ۋەنفۇ، ليۇ چۇڭبو، جۇ شياۋجې، جۇ يۇڭخۇڭ، لۇ فېڭمىن).

3 - دەرىجىلىك مۇكاپات (6 تۈر)

يوتا سۆڭەك چوڭ فوررىنگىدىكى يوتا سۆڭەك بېشىنى ئالماشتۇرۇش تېخنىكا تەجرىبىسى ۋە ئۇنىڭ كلىنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات (لەنجۇ ھەربىي رايونى ئۈرۈمچى باش دوختۇرخانىسى؛ شى جېنمەن، جاڭ باۋدۇڭ، شى جياڭ، ساۋ پىڭ، چېن جيەنچاڭ)، تەكلىماكان قۇملۇقىنى ئۇنىۋېرسال ئىلمىي تەكشۈرۈش (جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى لەنجۇ قۇملۇق تەتقىقات ئورنى، تارىم نېفىت تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش قوماندانلىق شتابى، شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىدارىسى 1 - گىدروگېئولوگىيىلىك قۇرۇلۇش گېئولوگىيە چوڭ ئەترىتى؛ شيا شۈنچېڭ، دۇڭ گۇاڭرۇڭ، لى چۇڭشۇن، چېن گاڭ، جۇ شىڭجيا)، شىنجاڭدا كۆمۈرلۈكلەردە پەيدا بولىدىغان كەڭ كۆمۈر قاتلاملىرىدىكى تەبىئىي ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تېخنىكىسى (شىنجاڭ كۆمۈرچىلىك پەن تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ كۆمۈرلۈكتىكى ئوتنى يوقىتىش قۇرۇلۇشى باشقارمىسى؛ لۇ جاۋشۇاڭ، دۇڭ يىجى، تيې جيې، يۈ

جياچاڭ، ما چۈنيۈەن) . شىنجاڭدا كېۋەزنى كەڭ كۆلەملىك سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ ئۈنۈملۈك يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسى (ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش باش پونكىتى؛ لى شىچىڭ، شۇ جيەن، جاڭ ياۋچۈەن، ۋاڭ ۋېيگاڭ، خۇ جيەنشېڭ) . كۆمۈردىكى ئالتۇننى ئېتانول ئېكىسلاتاسى ئارقىلىق سىئانوگېنسىزلاندۇرۇپ ئاجرىتىش ئۇسۇلىنى كېڭەيتىش (چېڭدۇ تەبىئىي پەنلەر ئىنستىتۇتى، چاڭچۈن كان تەكشۈرۈش ماشىنىسازلىق زاۋۇتى، شىنجاڭ كان تەكشۈرۈش ماشىنىسازلىق زاۋۇتى، چېڭدۇ پاراۋوز زاۋۇتى 1 - شۆبە زاۋۇتى؛ فەن بېۋبي، شۇ مەنكۇ، لىن خەيلىڭ، گەن جياخۇڭ، تاڭ شىجى) ، قويلاردا كۆپ كۆرۈلىدىغان، كۆپ زىيان سالىدىغان پارازىت قۇرت كېسەللىكىنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش پەنلەر ئاكادېمىيىسى چارۋىچىلىق - مال دوختۇرلۇق تەتقىقات ئورنى، بىڭتۈەن چارۋىچىلىق ئىدارىسى، بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 8 - شى چارۋىچىلىق - مال دوختۇرلۇق خىزمەت پونكىتى، بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 5 - شى چارۋىچىلىق - مال دوختۇرلۇق خىزمەت پونكىتى، بىڭتۈەن قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى چارۋىچىلىق - مال دوختۇرلۇق خىزمەت پونكىتى؛ جېڭ جىڭخۇڭ، پۇ فاڭدې، شۇ شۆپىڭ، بو شىنۋېن، چېن جىرۇڭ) .

سۇڭ چۈنخۇڭ

## 108 تۈرلۈك پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىنى باھالاش ھەيئىتىنىڭ باھالىشى ئارقىلىق، 108 تۈرلۈك پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇلاردىن 9 تۈر 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 30 تۈر 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 45 تۈر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 18 تۈر 4 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. پەن - تېخنىكا ئەسەرلىرىدىن 2 تۈر 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 4 تۈر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بۇلار تۆۋەندىكىچە:

**1 - دەرىجىلىك مۇكاپات (9 تۈر)**

تارىم ئويمانلىقىنىڭ كۇچا ئالدىنقى قۇرۇقلۇق تەتۈر بەلۋېغىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى ئۈستىدە ئانالىز ۋە نىشانلىق باھالاش (تارىم نېفىتلىكىنى تەكشۈرۈش - ئېچىش قوماندانلىق شتابى؛ جيا چېڭزاۋ، جۇ شىنيۈەن، لى چىمىڭ، پى شۆجۈن، شيې خۇيۋېن، تيەن زوجى، سەي جېنجۇڭ، لىبي گاڭلىن، لۇ خۇاشيا، ۋاڭ شىن، لۇ شيۇشياڭ، خۇ شياۋيۇڭ) ، پىششىق نېفىتنى تورۋۇبا ئارقىلىق يەتكۈزۈش تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى تەكشۈرۈش - لايىھىلەش تەتقىقات يۇرتى، شىنجاڭ «شىنجيې» نېفىت خىمىيە سانائىتى چەكلىك شىركىتى؛ چېن جۈەن، خۇ شياۋگۇاڭ، ليۇ يۈمبي، خۇاڭ جۇڭشېڭ، ما جيەنچاۋ، شۇ گاۋدا ، ۋۇ يى، جيۇ خېجۈن، دۇڭ جىڭياۋ، ماكې، ۋاڭ لېي) ، كىچىك چاما پىلتىلىك قويمىچىلىق ماشىنىسىنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى پولات تاۋلاش زاۋۇتى؛ جاۋ پىڭ، لى چيۇمىن، جاۋ يۇڭلى، نيۇ شىخاۋ، ۋاڭ بىڭ، شۆ مىن، ليۇ پىڭلياڭ، جاڭ ۋەنجى، جياڭ لىشىن، جاڭ جيەنشىن، خۇاڭ شىڭۇ، لى شىڭلۇڭ) . ئوتتۇرا تارىم 16 - نېفىتلىكتىكى C3 نېفىت ئۆۋىسىدا دومىلىتىپ نېفىت ئېلىش تېخنىكىسى (تارىم نېفىتلىكىنى تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش قوماندانلىق شتابى؛ سۇن لوڭدې، جۇ ۋېيخۇڭ، ليۇ چاڭيۇ، چېن خۇڭۋېي، نيۇ يۈجيې، چاڭ لۇنجيې، يۇ دېيۇ، ۋاڭ بېيفاڭ، شياۋ جۈن، پۇ خۇڭچۈن، جاڭ توڭۋېن، جېڭ ۋېي) ، دىئامېتىرىنى تەڭشەپ كۈچ مومېنتىنى ئۆزگەرتىدىغان ئېنېرگىيە تېجەش كاچالكىسىنى ياساش (شىنجاڭ 3 - ئىستانوك زاۋۇتى؛ لو رېنچۈەن، جى شياڭيۈن، گاۋ چاڭلې، چاڭ يۇڭ، ياۋ شياۋپىڭ، ۋاڭ ۋۇ، جاۋ ۋېيدۇڭ، ما شۇجيەن، گې فۇچياڭ، ياڭ لىجۈن) ، ئېلېكترونلۇق ئالىيۇمىن ياپرىقى ئىشلەپچىقىرىش ئىلغار تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۇنى يارىتىش (شىنجاڭ جۇڭخې پاي چەكلىك شىركىتى، بېيجىڭ پەن - تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتى؛ ماۋ ۋېيمىن، ياڭ خۇڭ، يۇ يۇڭنىڭ، تاڭ شىمىن، جاڭ يىڭچيەن، ليۇ زۇڭرېن، شۇ جىكاڭ، چېن جۈن) ، جۇڭغار ئويمانلىقىدىكى تەبىئىي گازنى تەكشۈرۈشكە نىشانلىق باھا بېرىش (شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش تەتقىقات يۇرتى، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى قۇدۇق ئۆلچەش شىركىتى، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى بۇرغىلاش ھۈنەر - سەنئىتى تەتقىقات يۇرتى، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى قۇدۇق خاتىرىلەش شىركىتى؛ ۋاڭ يىلىن، شۇ يۇچىڭ، جاڭ يىجېي، كۇاڭ جۈن، ليۇ دېگۇاڭ، جاۋ شيۈەن، جاڭ گوشى، ۋاڭ لىخۇڭ، چېن روسىڭ، ۋاڭ زۇۋېن، چېن شىن) ، ئۈرۈمچى 25 مېتىرلىق رادىئو تېلېسكوپ سىستېمىسى (جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۈرۈمچى ئاسترونومىيە پونكىتى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شاڭخەي رەسەتخانىسى، دۆلەت ئۇچۇرچىلىق مىنىستىرلىكى 39 - تەتقىقات ئورنى؛ جاڭ جىن، چيەن جىخەن، جاڭ خۇڭبو، ۋېي

ۋېنربىن، دۇڭ يۈسو، جاڭ ۋېيچۈن، ئەلى يۈسۈپ، گۇ جيەنشىڭ، ۋاڭ نا، شېن لىڭدى، ۋاڭ ۋېيشيا، خۇاڭ بىن)، تارىم دەرياسىنىڭ ئۆزۈك ئېقىنىنى تۈزەش ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى قوغداش ئۈستىدە تەتقىقات (جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى، چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى، سۇچىلىق نازارىتى تارىم دەريا ۋادىسىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى؛ سۇڭ يۇدۇڭ، لىي جىدۇڭ، جاڭ فاۋاڭ، پەن زىلى، خۇ خېپىڭ، ماۋ شياۋخۇي، ۋاڭ راڭخۇي، ياڭ شىيۇ، جۇ خەيياڭ، جى فاڭ، ما يىڭجيې، شاڭ سۇڭخاۋ).

2 - دەرىجىلىك مۇكاپات (30 تۈر)

ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئاۋاز، سۈرەت، خەت بىرگەۋدىلەشتۈرۈلگەن ئۈچۈر بىر تەرەپ قىلىش مۇھىتى ۋە ئەمەلىي قوللىنىش سىستېمىسى (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى؛ ھوشۇر ئىسلام، لىيۇ يۈجۈن، ئىلھام تۇرغۇن، لى نا، دىلنۇر ئابلىمىت، زۇلپىيە، شىي يىخۇا)، بالدۇر پىشار، كېسەلگە تاقابىلچان، مول - ھوسۇللۇق «شىنجاڭ قىزىلمۇچى - 3» نى يېتىشتۈرۈش ۋە ئۇرۇقىنى كەسپلەشتۈرۈش (ئۈرۈمچى شەھەرلىك كۆكتات تەتقىقات ئورنى؛ گې جۇفېن، يۈ چاڭفۇ، يەن تۇڭ، فاڭ بو، جاڭ ياپىڭ، گاۋ جىجيەن، خەي رۇيمىڭ، يەن لى)، شىنجاڭدا 6 مىليون تۇياق قويدىن ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق گۆش، يۇڭ ئېلىش قورۇلۇشى (شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى، چارۋىچىلىق نازارىتى؛ لى گېڭمىن قاتارلىق 27 كىشى)، تىبرمو تولۇق بېسىمغا سەزگۈر نانومېتىرلىق ئېلېكترونلۇق فارفور ماتېرىياللارنى تەتقىق قىلىش - ياساش ۋە ئىشلىتىش (جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ فىزىكا تەتقىقات ئورنى؛ تاۋ مىڭدې، سۇڭ شىڭبىڭ، جىڭ يىڭجى، كاڭ شۈيا، لىيۇ بوخۇا، ۋاڭ جياڭيىڭ، چاڭ ئەيمىن، تەن خۇي، ۋۇ گۇەنيەن)، ۋېنادىن بېرىلگەن كاتوپرىلنىڭ ھەرخىل سەۋەبتىن يۈرىكى زەئىپلەشكەن بىمارلارنىڭ جىددىي خاراكتېرلىك قان ئايلىنىش دىنامىكىسى ۋە ھورمون ئۆزگىرىشىگە بولغان تەسىرى ئۈستىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات (شىنجاڭ تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى قارمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانا؛ تاڭ باۋپىڭ، چېڭ زۇخېڭ، جاڭ ئەيلۇن، خۇاڭ يىفېن، زو شىكۇي، جاڭ لىشېڭ، سۇن خۇيپىڭ، ۋاڭ جياڭ، ئادىلە)، تارىم ئويمانلىقىدىكى تەبىئىي گازنىڭ تارقىلىش قانۇنىيىتى ۋە ئۇنى تەكشۈرۈش نىشانى (تارىم نېفىتلىكىنى تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش قوماندانلىق شتابى، بېيجىڭ نېفىت تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش تەتقىقات يۇرتى؛ جاۋ مىڭجۈن، جۇ شىڭشى، لۇ شۇاڭفاڭ، شاۋ جۇڭياۋ، لى مېي، پېڭ يەن، لى جيەن، چېن شېڭفېي، چېن يىمەي)، ئوخشاش بولمىغان يەرلەردە «شىنجاڭ ئەممىسى»نى يېتىشتۈرۈش ۋە ئۇنىڭ خىمىيىلىك تەركىبى ئۈستىدە ئانالىز (ش ئۇ ئا ر خەلق دوختۇرخانىسى؛ لى جۈن، قاھار زاھىر، يۈ ئەيپىڭ، لىن تاۋ، لىيۇ ۋېنلى، يۈ لوخەي، بەي خۇيدۇڭ، شۇ جيەنگو، ياڭ شۇبىن)، ياۋا بادام تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدىكى كېمەل، ھاشارات زىيىنىنى تەكشۈرۈش ۋە ئۇنى ئۇنىۋېرسال تىزگىنلەش تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات (تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ئورمان كېسەللىك - زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش، كارانتىن پونكىتى؛ سۇ خۇكۇي، سۇن يىشياڭ، سۇن يۇڭپىڭ، خەمىت، نۇرجىبەك، لى خەيلۇڭ، گۈلنۇر، پەن جىجېڭ)، كانايچە كىرگۈزۈش خاراكتېرلىك يۈرەك كېسىلى ئىلمىدىكى دىئاگنوز قويۇش، داۋالاش ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى قارمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانا؛ چېڭ زۇخېڭ، ما يىتۇڭ، تاڭ باۋپىڭ، جاڭ ئەيلۇن، گو شىڭكۇي، ۋاڭ شىجېن، مۇھەممەت، جاڭ يەنيى، ۋاڭ جياڭ)، شىنجاڭ تۇدۇڭخابا سۇ ئامبىرىدا لاتقىلارنى بوشىتىپ ئېقىتىپ تازىلاش كونتروللى ئۈستىدە تەتقىقات (جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى، سۇچىلىق نازارىتى تۇدۇڭخابا دەريا باشقارمىسى؛ چېن يانلىڭ، كۇڭ فەنشىن، چېن زۇڭجۈن، لى ۋېيخۇڭ، گاۋ ئېنبو، خې شۈسۇڭ، شۇ جيېتىڭ، تيەن شېڭ، ياڭ سىجۈەن)، شىنجاڭ قۇرغاق رايونلاردا تەبىئىي بېسىملىق يۇركۈپ سۇغىرىش تېخنىكىسى ۋە ئۇنىڭ ئۇنىۋېرسال ئۈنۈمى ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ سۇچىلىق، سۇ ئېلېكتر پەن تەتقىقات يۇرتى، سۇچىلىق نازارىتى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 9 - شى، خوشۇت ناھىيىلىك سۇ ئېلېكتر ئىدارىسى، جىمسار ناھىيىلىك سۇ ئېلېكتر ئىدارىسى؛ بو يۇخۇا قاتارلىق 8 كىشى)، جۇڭغار ئويمانلىقىدىكى لۇلياڭ كۆتۈرۈلمىسىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى نېفىت - گازنىڭ جايلىشىش قانۇنىيىتى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە شىنەن نېفىت - گازلىقىنى بايقاش ۋە ئۇنىڭغا باھا (شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش تەتقىقات يۇرتى؛ جاڭ يىجيې قاتارلىق 9 كىشى)، تارىم ئويمانلىقى مەركىزىي كۆتۈرۈلمىسى ۋە قوشنا رايونلاردا تەكشۈرۈش نۇقتىسىنى تاللاش ۋە باھالاش (تارىم نېفىتلىكىنى تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش قوماندانلىق شتابى، گېئوفىزىكىلىق نېفىت تەكشۈرۈش ئىدارىسى تەتقىقات يۇرتىنىڭ كورلا شۆبىسى؛ خۇ يۈنيا قاتارلىق 9 كىشى)، كۆزگى بۇغداينىڭ يۇقىرى ھوسۇللۇق، ئەلا سۈپەتلىك بالدۇر پىشار يېڭى سورتىنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش، كىرگۈزۈش ۋە قوللىنىش (شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى دانلىق زىرائەت تەتقىقات ئورنى، ش ئۇ ئا ر ئۇرۇقچىلىق باش پونكىتى، قەشقەر ۋىلايەتلىك

ئۇرۇقچىلىق پونكىتى، خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇرۇقچىلىق پونكىتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاتوم ېنېرگىيە تېخنىكا تەتقىقات ئورنى؛ ۋۇ شىنيۈەن قاتارلىق 27 كىشى)، بافراش كۆلىنىڭ سىجىل سۇ بايلىقىنى باشقۇرۇش ئۇستىدىكى ئەمەلىي تەتقىقات (بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق سۇچىلىق ئىدارىسى، ۋۇخەن سۇ ئېلېكتر ئۇنىۋېرسىتېتى؛ شيا جۈن قاتارلىق 6 كىشى)؛ شىنجاڭدىكى كەلكۈن ئاپىتى ۋە كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش - ئاپەتنى ئازايتىش تەدبىرلىرى (ش ئۇ ئا ر كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش قوماندانلىق باش شتابى ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر گىدرولوگىيە سۇ بايلىقى ئىدارىسى، ش ئۇ ئا ر مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى؛ جاڭ جىليالىڭ قاتارلىق 9 كىشى)، VA زەمبۇرۇغلۇق يىلتىزنىڭ شىنجاڭدا مىنېراللىق تۇپراقتىكى فوسفوردىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ شورغا چىداش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ھەم ئۇنىڭ مېخانىزمى ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى يادرو تېخنىكا، بىئو تېخنىكا تەتقىقات ئورنى؛ فېڭ گو قاتارلىق 6 كىشى)، شىنجاڭدا كۆپ خىل ئەلا سۈپەتلىك يېڭى كېۋەز سورتىنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش (شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىقتىسادىي زىرائەت تەتقىقات ئورنى، شىخەنزە كېۋەز تەتقىقات ئورنى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 7 - شى دېھقانچىلىق پەن تەتقىقات ئورنى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 1 - شى ئارال دېھقانچىلىق پەن تەتقىقات ئورنى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق دېھقانچىلىق پەن تەتقىقات ئورنى، لى شۆيۈەن قاتارلىق 27 كىشى)، 4MZ-2(3) تىپلىق ئاپتوماتىك پاختا يىغىش ماشىنىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساش (شىنجاڭ بىرلەشمە ماشىنىسازلىق (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش پەنلەر ئاكادېمىيىسى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ماشىنىسازلىق قاتناش شۆبە ئىنستىتۇتى؛ ۋۇ جۇنفېڭ قاتارلىق 9 كىشى)، ئېپىدائىي ئىلىك ھۈجەيرىلىك ئاق قان كېسەللىكى ۋىتامىن A كىسلاتاسى بىلەن داۋالىغاندىن كېيىنكى ھۈجەيرە ئۆزگىرىشى ۋە ئاقىۋىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى (شىنجاڭ تېببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى قارمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانا؛ لى لىڭ قاتارلىق 4 كىشى)، قۇتۇبى گازلىقىنى ئالدىنقى مەزگىللىك ئېچىش ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش تەتقىقات يۇرتى، شىنەن نېفىت ئىنستىتۇتى؛ تاڭ چېڭفېڭ قاتارلىق 9 كىشى)، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي قىسمىنىڭ يەر تۈزۈلۈش شارائىتى، قورشالما تىپى ۋە نېفىت - گاز زاپىسىنىڭ شەكىللىنىش مودېلى ئۈستىدە تەتقىقات (جۇڭگو يېڭى يۇلتۇز نېفىت شىركىتى غەربىي شىمال نېفىت گېئولوگىيە ئىدارىسى پىلانلاش - لايىھەلەش تەتقىقات يۇرتى؛ لى باگۇرۇڭ قاتارلىق 9 كىشى)، دۆلىتىمىزدە بېدىنىڭ سارغىيىپ سولىشىش كېسەللىكىنى بايقاش ۋە ئۇنىڭ كېسەل مەنبەسى ھەم زىيىنى ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى، ۋاڭ شۆۋېي قاتارلىق 7 كىشى)، 12∅ يۇمىلاق پولاتنى پارچىلاپ پروكاتلاش تېخنىكىسى بويىچە ئىشلەپچىقىرىش سىنىقى ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى كىچىك تىپلىق پروكاتلاش زاۋۇتى؛ لى زىۋېن قاتارلىق 9 كىشى)، 4LD-3 تىپلىق ئاپتوماتىك ئوقلۇق كومبايىننى تەتقىق قىلىپ ياساش (شىنجاڭ بىرلەشمە ماشىنىسازلىق (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى؛ لى شاۋخۇا قاتارلىق 9 كىشى)، تۇرپان - قۇمۇل ئويمانلىقى تەيبېي ئويۇلما بايلىقىنىڭ يوشۇرۇن كۆچى ۋە پايدىلىق رايونلاردىكى بەلۋاغلارنى چوڭقۇرلاپ قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئۈستىدە ئانالىز (تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكىنى تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش قوماندانلىق شتابى تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش تەتقىقات يۇرتى؛ جاڭ دېيشېڭ قاتارلىق 9 كىشى)، تارىم نېفىت تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش قوماندانلىق شتابىنىڭ كەڭ دائىرىلىك تور قۇرۇلۇش تېخنىكىسى (تارىم نېفىت تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش قوماندانلىق شتابى؛ لياۋ شەنرۇڭ قاتارلىق 9 كىشى)، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىنىڭ كەڭ دائىرىلىك كومپيۇتېر تور قۇرۇلۇشى ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى ئۇچۇر مەركىزى؛ لى لىجېڭ قاتارلىق 9 كىشى)، تۇرپان - قۇمۇل ئويمانلىقى يۈبېي نېفىتلىكىدە گاز بېرىپ ئارىلاشما ھالەتتە ماي ھەيدەشنى يۈرۈشلەشتۈرۈش تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۇنى يولغا قويۇش (جۇڭگو نېفىت تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكىنى تەكشۈرۈش - ئېچىش تەتقىقات يۇرتى، جۇڭگو نېفىت تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى تۇرپان نېفىت ئېلىش زاۋۇتى، تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكىنى تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش قوماندانلىق شتابى بۇرغىلاش ھۈنەر - سەنئىتى تەتقىقات يۇرتى؛ ياڭ كەيلىبي قاتارلىق 9 كىشى)، 521 رەقەملىك تىزگىنلەپ قۇدۇق ئۆلچەش سىستېمىسىنى كېڭەيتىش ۋە قوللىنىش (شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى قۇدۇق ئۆلچەش شىركىتى؛ شى جۇنخۇي قاتارلىق 9 كىشى).

3 - دەرىجىلىك مۇكاپات (45 تۈر)

ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ياۋايى ھايۋانات بايلىقىنى تەكشۈرۈش،

قوغداش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش (شىنجاڭ غەربىي تەڭرىتاغ ئورمانچىلىق ئىدارىسى، غەربىي شىمال يوقىلىش گىرداۋىغا بېرىپ قالغان هايۋانات تەتقىقات ئورنى؛ جۇ فاڭچى قاتارلىق 7 كىشى)، PMOS دوزىمېتىر تەتقىقاتى ۋە ئۇنىڭ بوشلۇقتا قوللىنىلىشى (جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ فىزىكا تەتقىقات ئورنى؛ فەن لۇڭ قاتارلىق 7 كىشى)، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش شەكلىنى ئۆزگەرتىش ۋە ئېشىش سۈپىتى ئۈستىدە تەتقىقات (ش ئۇ ئا ر خەلق هۆكۈمىتى ئىقتىساد تەتقىقات مەركىزى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى زامانىۋىلاشتۇرۇش تەتقىقات ئورنى، ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى؛ لى جۈۋېي قاتارلىق 7 كىشى)، شىنجاڭدىكى قەلەمپۇر ئائىلىسى ئۆسۈملۈكلىرىنى سىستېمىلىق تۈرلەرگە ئايرىش، ئۇلارنىڭ جۇغراپىيىلىك تارقىلىشى ۋە رايون سىستېمىسى ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ هەربىي رايون سەھىيە مۇداپىئە ئەترىتى؛ پەن شياۋلىڭ، داڭ رۇڭلى، پى شىمىڭ)، پەنەركە قىلىنىدىغان تېرەكنى نىشانلىق ئۆستۈرۈش ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ ئورمانچىلىق پەن تەتقىقات يۇرتى ئورمان بەرپا قىلىپ قوغداش تېزگىنلەش تەتقىقات ئورنى؛ لى خۇڭ قاتارلىق 7 كىشى)، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ئۇچۇر باشقۇرۇش سىستېمىسى (ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىجتىمائىي سۇغۇرتا فوندى مەركىزى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئالتۇن تور ئۇچۇر قۇرۇلۇشى چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى؛ ۋاڭ ۋېي قاتارلىق 7 كىشى)، BS بىر يۈرۈش پارقىراق ماي مەھسۇلاتلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئىشلەش (شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى قاراماي نېفىت خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى؛ ياڭ جيەنشياڭ قاتارلىق 7 كىشى)، قاراشەھەر ئويمانلىقىدا نېفىت تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش ۋە سۇ، مۇھىتنى قوغداش ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ مۇھىتنى نازارەت قىلىش، ئۆلچەش مەركىزىي پونكىتى؛ ۋاڭ ليەنشې قاتارلىق 7 كىشى)، تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكىدىكى ئېقىم مىقدارىنى ئۆلچەش ئەسۋابىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۇنى قوللىنىش (جۇڭگو نېفىت تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىك قۇرۇلۇشى تېخنىكا مەركىزى؛ خۇاڭ كەيلىن قاتارلىق 7 كىشى)، تارىم ئويمانلىقىدىكى سۇ - تۇز تەڭپۇڭلۇقى ۋە يەر ئاستى سۈيىنى تەقلىد قىلىش ئۈستىدە تەتقىقات (سۇچىلىق نازارىتى، چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى، شىئەن تەبىئىي پەن ۋە سانائەت پەنلىرى ئۇنىۋېرسىتېتى؛ جاڭ جىشىن قاتارلىق 7 كىشى)، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي بېلىق تۈرلىرىنىڭ فىزىئولوگىيىلىك، بىئو خىمىيىلىك قان ئايلىنىش ئۆزگىرىشىنىڭ دائىملىق قىممىتى ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى؛ بېي نيەنشياڭ قاتارلىق 7 كىشى)، تېرەك سورتىنى كىرگۈزۈش تەجرىبىسى ئۈستىدە تەتقىقات (ئىلى ۋىلايەتلىك تۈزلەڭلىك ئورمانچىلىق مەيدانى، سۈن چىڭجياڭ قاتارلىق 7 كىشى)، فۇنكسىيىلەر ماكانى ۋە ئالاھىدە ئىنتېگرال ئوپېراتورى ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، جياڭ يەنشياڭ)، شىنجاڭدا ئاتلارنىڭ ماڭقا كېسىلىنى يوقىتىش تەدبىرلىرى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۇنى كېڭەيتىش (شىنجاڭ مال دوختۇرلۇق مۇداپىئە - كارانتىن باش پونكىتى، ئىلى ۋىلايەتلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتى، قەشقەر ۋىلايەتلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتى، سانجى ئوبلاستلىق مال دوختۇرلۇق پونكىتى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتى؛ ۋاڭخان نۇردان قاتارلىق 7 كىشى)، مېتاللورگىيىدە ئىشلىتىلىدىغان لازېر نۇرى ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىش ماشىنىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساش (گۇاڭجۇ فۇتۇڭ شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبە شىركىتى، شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 2 - پروكاتلاش زاۋۇتى، شىنجاڭ پولات - تۆمۈر ماشىنىسازلىق چەكلىك شىركىتى؛ ما جۇنيىن قاتارلىق 7 كىشى)، ئاپتوموبىللار (بېنزىن ئاپتوموبىلى) دا ئىشلىتىلىدىغان سۇيۇلدۇرۇلغان نېفىت گازى ئۆسكۈنىسى ۋە ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشى ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ قاتناش پەن تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ «يىلبىلىڭ» شامالچى زاۋۇتى، شىئەن تاشيول قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتى؛ كېرەم روزى قاتارلىق 7 كىشى)، شىنجاڭ بېلىق پارازىت قۇرت كېسەللىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش (شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى؛ يۈ چېڭ قاتارلىق 7 كىشى)، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ گېئولوگىيىلىك تۈزۈلۈشى، تەدرىجىي ئۆزگىرىشى ۋە تۈزۈلۈش ئېلېمېنتىنى ئايرىش (شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى تەكشۈرۈش - ئېچىش تەتقىقات يۇرتى؛ جاڭ يىجيې قاتارلىق 7 كىشى)، يەر تەۋرەش خەۋپى ۋە يەر تەۋرەش سۇغۇرتىسى ئۈستىدە تەتقىقات (جۇڭگو سۇغۇرتا شىركىتى شىنجاڭ مال - مۈلۈك سۇغۇرتا شۆبە شىركىتى، شىنجاڭ يەر تەۋرەش ئىدارىسى، ش ئۇ ئا ر ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئىشخانىسى؛ ۋاڭ يەنخۇي قاتارلىق 7 كىشى)، قاراماي نېفىتلىكىنىڭ قاراماي تېيىز 10 - قۇدۇق رايونى چىگۇ گورۇپپىسىدىكى قويۇق نېفىت ئۆۋىسىنى دومىلىتىپ تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش تەتقىقات يۇرتى؛ دۇڭ پېيجى قاتارلىق 7 كىشى)، تارىم ئويمانلىقى شايار كۆتۈرۈلمىسى ئەشىك - ئاقكۆل - دەريا نېفىت تەبىئىي گاز بەلۋېغىنى تەكشۈرۈش دوكلاتى (جۇڭگو شىنشىڭ

نېفىت شىركىتى غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسى پىلانلاش - لايىھىلەش تەتقىقات يۇرتى؛ لىن جۈگېن قاتارلىق 7 كىشى)، ناماڭگان ئومۇرتقىلىق، ئۆزۈن بۇرۇنلۇق قوڭغۇزنى ئۈنىۋېرسال يوقىتىش ئۈستىدە تەتقىقات (قاراماي شەھەرلىك باغۋەنچىلىك - ئورمانچىلىق پەن تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ ئورمانچىلىق پەنلىرى تەتقىقات يۇرتى؛ لىيۇ خۇڭگۇاڭ قاتارلىق 6 كىشى)، شىنجاڭ ئىلى دەريا بېلىق بايلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ھەم ئېچىپ پايدىلىنىش تەجرىبىسى (شىنجاڭ سۇ مەھسۇلاتلىرى پەن تەتقىقات ئورنى، جۇڭگو سۇ مەھسۇلاتلىرى پەن تەتقىقات يۇرتى خېيلوڭجياڭ سۇ مەھسۇلاتلىرى تەتقىقات ئورنى، ئىلى دەريا بېلىقچىلىق مەمۇرىي باشقۇرۇش پونكىتى؛ رېن مۇلىيەن قاتارلىق 7 كىشى)، ئەلا سۈپەتلىك، ساختىدىن مۇداپىئەلىنەلەيدىغان پولى ئېتىلېندىن يۈزلەپ ياسالغان چېلەكنى تەتقىق قىلىپ ئىشلەش (قاراماي خېلى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى؛ ۋاڭ شۈخۇي قاتارلىق 7 كىشى)، خروموسوما تېخنىكىسىنىڭ ئادەم ئۈستىدە قوللىنىلىش تەتقىقاتى (لەنجۇ ھەربىي رايونى ئۈرۈمچى باش دوختۇرخانىسى؛ يىن شۈجۈن قاتارلىق 7 كىشى)، بوشلۇق تېخنىكىسى ئارقىلىق سۈيدۈك يولى كېسەللىرىنى داۋالاشنى كلىنىكىدا قوللىنىش ئۈستىدە تەتقىقات (قۇراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى دوختۇرخانىسى، شىنجاڭ تېببىي پەنلەر ئۈنىۋېرسىتېتى قارىمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانا؛ يۈەن چاۋيىڭ قاتارلىق 7 كىشى)، شىنجاڭدا ئادەملەردىكى كۆيدۈرگە كېسىلىنى ئېپىدېمىئولوگىيىلىك، ئېتىئولوگىيىلىك كۆزىتىش ۋە يېڭى تېخنىكىسىنى قوللىنىش ئۈستىدە تەتقىقات (ش ئۇ ئا ر سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى، جۇڭگو ئالدىنى ئېلىش تېببىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئېپىدېمىئولوگىيە - مىكرو بىئولوگىيە تەتقىقات ئورنى؛ لىيۇ يۇنخېڭ، دىلمۇرات قاتارلىق 7 كىشى)، شىنجاڭدا كۈن نۇرى پارنىكىدىن ئۈنىۋېرسال پايدىلىنىش تېخنىكىسى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش ئۈستىدە تەتقىقات (شىخەنزە ئۈنىۋېرسىتېتى يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى، سانجى شەھىرى شەھەر ئەتراپى ئىش باشقارمىسى؛ ۋاڭ جىنلى قاتارلىق 17 كىشى)، ئىقتىدارى ياخشىلانغان ئاسفالت ئۇسكۇنىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساش (شىنجاڭ قاتناش پەن تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ يول - كۆۋرۈك باش شىركىتى، شىنجاڭ تاشيول ئىلمىي جەمئىيىتى مەسلىھەت بېرىش بۆلۈمى، شىنجاڭ يول ياساش ماشىنىسازلىق زاۋۇتى، لىيۇ تاۋ قاتارلىق 7 كىشى)، شىنجاڭنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈستىدە تەتقىقات (ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى؛ لىيۇ يەنلياڭ قاتارلىق 7 كىشى)، ماناس دەريا ۋادىسىدىكى ئاشلىق ۋە پاختىدىكى ئاساسلىق كېسەل - زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئۈنىۋېرسال ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش تېخنىكا سىستېمىسى قۇرۇش ۋە يۇقىرى مەھسۇلات ئېلىش (شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۆسۈملۈك ئاسراش تەتقىقات ئورنى، ماۋەن ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسى، ماناس ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسى، ماناس ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى، قۇتۇبى ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسى؛ ياڭ شىن قاتارلىق 21 كىشى)، ئانار قىزىل ھارىقىنى تەتقىق قىلىپ ئىشلەش (خوتەن قىزىلگۈل ھارىقى كەسپىي چەكلىك شىركىتى؛ ۋاڭ جيەنجۈن قاتارلىق 5 كىشى)، پۈت ۋېنا تومۇرىدا قاننىڭ تەتۈر ئايلىنىش كېسىلى ئۈستىدە كلىنىكىلىق تەتقىقات (ش ئۇ ئا ر خەلق دوختۇرخانىسى؛ گې شياۋخۇ قاتارلىق 7 كىشى)، شىنجاڭ مايلىق ئاپتاپپەرەس ئۇرۇقىنىڭ سۈپىتىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللار ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىقتىسادىي زىرائەت تەتقىقات ئورنى، لياۋنىڭ ئۆلكىلىك يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇرۇقچىلىق تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش پەنلەر ئاكادېمىيىسى زىرائەت تەتقىقات ئورنى؛ ۋاڭ يەنفېي قاتارلىق 10 كىشى)، تارىم ئويمانلىقى شايار كۆتۈرۈلمىسى ياقىلا بۇگۇر نېفىت - تەبىئىي گاز بەلۋىغىنى تەكشۈرۈش تۈرىنىڭ باسقۇچلۇق دوكلاتى (جۇڭگو يېڭى يۇلتۇز نېفىت شىركىتى غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسى پىلانلاش - لايىھىلەش تەتقىقات يۇرتى؛ چيۇ فاڭچياڭ قاتارلىق 7 كىشى)، پارتلاتقۇچ كاپسۇلىغا ئاپتوماتىك نومۇر ئورنىتىش تېخنىكىسى (شىنجاڭ كۆمۈركان خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى؛ فاڭ شىزېڭ قاتارلىق 4 كىشى)، ئورگانىك ماتېرىياللارنىڭ 3 - دەرىجىلىك سىزىقسىز ئوپتىك خۇسۇسىيىتى ۋە ئۇنى ئۆلچەش تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ ئۈنىۋېرسىتېتى؛ جيا جېنخۇڭ قاتارلىق 6 كىشى)، ئۈرۈمچى شەھىرى سايپۇپا سۇ مەنبەسىنىڭ سۇ بايلىقىنى A دەرىجىلىك ئىجازەت بېرىلگەن ئېچىش مىقدارىغا باھا (شىنجاڭ گېئولوگىيە قۇرۇلۇش تەكشۈرۈش يۇرتى؛ فېڭ لىخۇا قاتارلىق 4 كىشى)، جىڭ ناھىيىسىدە چىقىدىغان ئالىقاتنى يۇقىرى مەھسۇلاتلىق، ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك قىلىپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش (جىڭ ناھىيىلىك ئورمانچىلىق خىزمەت پونكىتى، شىخەنزە ئۈنىۋېرسىتېتى يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى، جىڭ ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى، جىڭ ناھىيىلىك ئورمان كېسەللىكلىرى ۋە زىيانداش ھاشاراتلىرىدىن مۇداپىئە كۆرۈش - كارانتىن قىلىش پونكىتى، جىڭ ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىيات پونكىتى؛ لى ۋېنخۇا قاتارلىق 7 كىشى)، ئالتۇن ئايرىش ۋە تەركىبىدە سيانىت بولغان پاسكىنا سۇنى بىر تەرەپ قىلىش تېخنولوگىيىسىنى

كىرگۈزۈش ۋە قوللىنىش (شىنجاڭ ئالتۇن لايىھىلەش تەتقىقات يۇرتى، شىنجاڭ ئاشى ئالتۇن كېنى تەييارلىق باشقارمىسى، شىنجاڭ رەڭلىك مېتال تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ رەڭلىك مېتال ئالتۇن سانائىتى ئۈسكۈنىلىرى شىركىتى؛ ۋېي تۇڭباۋ قاتارلىق 7 كىشى)، شىنجاڭ كۆكيار نېفىتلىكىنىڭ ئۇششار باش 51 (3) بۆلۈكىگە ئايلاندۇرۇپ گاز بېرىش تەجرىبىسى (تارىم نېفىت تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش قوماندانلىق شتابى؛ لى يوگۇەن قاتارلىق 7 كىشى)، نېفىتلىكتە سالامەتلىك، بىخەتەرلىك ۋە مۇھىت (HSE) باشقۇرۇش سىستېمىسى قۇرۇش قىبلىنامىسى (تارىم نېفىت تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش قوماندانلىق شتابى؛ چىن گاڭ قاتارلىق 7 كىشى)، غەيرىي يادرو ئېنېرگىيىسىنىڭ سوقۇلۇشتىن يۆتكىلىش جەريانى ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شېن يىفەن قاتارلىق 4 كىشى)، شىنجاڭ «7.96» ئالاھىدە قارا يامغۇرنى ئانالىز قىلىش تەتقىقاتى (ش ئۇ ئا ر مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى ھاۋارايى كەسپىي مەركىزى؛ ۋاڭ شۈي قاتارلىق 7 كىشى)، شىنجاڭ قاناس تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى يەر يېپىنچىلىرى سىستېمىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك تەتقىقاتى (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى؛ ئابدۇللا ئابباس، نۇرباي، غەيرەت مىجىت، ۋاڭ خۇڭ، يارمۇھەممەت، ئەنۋەر، گۈل ئىسمايىل).

4 - دەرىجىلىك مۇكاپات (18 تۈر)

تارىم ئويمانلىقى چۆللۈكىدە چوڭ كېسىلىنىڭ مەنبەسىنى تەكشۈرۈش (بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى؛ چېن ۋېي قاتارلىق 7 كىشى)، شىنجاڭ تاشيول ترانسپورت كەسپى پۈتۈن ساھە بويىچە ستاتىستىكا ئۇچۇر سىستېمىسى (قاتناش نازارىتى، قاتناش نازارىتى ترانسپورت باشقۇرۇش ئىدارىسى، قاتناش نازارىتى كومپيۇتېر پونكىتى؛ ۋېي شياۋ قاتارلىق 7 كىشى)، غوزا قۇرتىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئالدىنى ئېلىش يۈرۈشلەشكەن تېخنىكىسىنى قەشقەر ۋىلايىتىدە كېڭەيتىپ قوللىنىش (قەشقەر ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزى پونكىتى؛ گاۋ يىڭ قاتارلىق 7 كىشى)؛ شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەردە مېڭە قان تومۇرى كېسەللىكىنىڭ قايتا قوزغىلىش نىسبىتى ئۈستىدە تەتقىقات (ش ئۇ ئا ر خەلق دوختۇرخانىسى؛ تەن يۇخۇي قاتارلىق 7 كىشى)، قار لەيلىسى - بۇغا مۈڭگۈزى ھارنىقىنى تەتقىق قىلىپ ئىشلەش (شىنجاڭ تەڭرىتاغ بۇغا ئوقەتچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ جۇڭيى دورا - مىللىي دورا تەتقىقات ئورنى؛ نى خۇي قاتارلىق 7 كىشى)، شىنجاڭدا قارائەتلىك چوشقىنىڭ نەسلىنى يېتىشتۈرۈش (شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى چارۋىچىلىق تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى چارۋىچىلىق ئىنستىتۇتى، شىخەنزە چارۋىچىلىق - مال دوختۇرلۇق پونكىتى، چارۋىچىلىق نازارىتى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 8 - شى دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىدارىسى؛ لى دېلىيەن قاتارلىق 7 كىشى)، شىمالىي شىنجاڭدا مىليونلاپ تۇياقلىق ئۆچكە يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ۋە كېڭەيتىش (ش ئۇ ئا ر چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى چارۋىچىلىق تەتقىقات ئورنى، ئىلى ئوبلاستلىق چارۋىچىلىق ئىدارىسى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك چارۋا ماللارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش پونكىتى؛ لى يۈەنچاۋ قاتارلىق 7 كىشى)، قۇملۇقتا يەر تۈزلىمەي تېرىپ سۇغىرىش تېخنىكىسىنى قوللىنىپ باغ بەرپا قىلىش تەجرىبىسى (لوپ ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسى، لوپ ناھىيىلىك ئورمانچىلىق خىزمەت پونكىتى، لوپ ناھىيىلىك باغۋەنچىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى؛ پېيەن جيەنمىڭ، گۈلباھار، غەيرەتجان قاتارلىق 7 كىشى)، چىگىت پوستىنى ئېچىتىپ، ئاقسىللىق يەم - خەشەك ئىشلەش تېخنىكىسى (بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق چارۋىچىلىق پەن تەتقىقات ئورنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك يەم - خەشەك ئىلمىي تەتقىقات ئورنى، لوپنۇر ناھىيىلىك باغ زاۋۇتى، گۇەن يۇڭپىڭ قاتارلىق 5 كىشى)، قۇلماقنىڭ يېڭى سورتى «جايى»، «ماركىپولو» لارنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش ۋە كېڭەيتىش (شىنجاڭ فوبېي سەنباۋلى قۇلماق چەكلىك شىركىتى، ۋاڭ لياڭبىن قاتارلىق 4 كىشى)، كېۋەزگە مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان بىرىكمە ئوغۇت، يوپۇرماق ئوغۇتىنى تاللاپ ئىشلىتىش تەجرىبىسى (دېھقانچىلىق نازارىتى تۇپراق - ئوغۇتچىلىق پونكىتى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق تۇپراق - ئوغۇتچىلىق پونكىتى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 8 - شى دېھقانچىلىق تەتقىقات ئورنى، يوپۇرغا ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى، ماناس ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى؛ جاڭ خۇيۋېن، غوپۇر قاتارلىق 7 كىشى)، پۈرمە گىرېپتىشىن يېڭى مەھسۇلاتىنى ئىشلەپچىقىرىش (خوتەن ۋىلايەتلىك يىپەك زاۋۇتى، ۋۇ لىمىڭ قاتارلىق 7 كىشى)، قاراماي رايونىغا سوغۇققا چىداملىق چىم سورتلىرىنى كىرگۈزۈپ سىناق قىلىپ كېڭەيتىش (قاراماي شەھەرلىك باغۋەنچىلىك - ئورمانچىلىق پەن تەتقىقات ئورنى، قاراماي شەھەرلىك باغ - ئورمان - كۆكەرتىش ئىدارىسى، خۇاڭ جۈنتاڭ قاتارلىق 7 كىشى)، شىنجاڭ «1821» پەن - تېخنىكا ئارقىلىق ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش بويىچە ئۈلگە يېزا قۇرۇلۇشى (ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى؛ نەجمىدىن نىزامىدىن قاتارلىق 6 كىشى)، ئاق قوناق يېڭى سورتى «تۇرپان ئاق قوناقى —1» نى تاللاپ يېتىشتۈرۈش ۋە كېڭەيتىش (تۇرپان ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق تەتقىقات ئورنى؛

روزى نەمەت، جاپپار نىياز، مەريەم مەمەت، ئابدۇرېھىم، ئەنەيتۇللا، خاسىيەت، ئىسمايىل ئۆمەر)، كومپيۇتېرلىق تەييارلاش سىستېمىسىنىڭ دورا سۇيۇقلۇقى ئىشلەپچىقىرىشتا قوللىنىلىشى (ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەركىزىي دورا سۇيۇقلۇقى ياساش ئورنى، ئاقسۇ شەھەرلىك خەلق دوختۇرخانىسى، جۇڭگو كېمىسازلىق باش شىركىتى 719 - تەتقىقات ئورنى؛ گۇ جيەنجۇن قاتارلىق 6 كىشى)، ئاقتۇ ناھىيىسىدە 100 مىڭ مو ئوتتۇرا، تۆۋەن مەھسۇلاتلىق ئېتىزنى ئۆزگەرتىش (ئاقتۇ ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىكنى ئۇنىۋېرسال ئېچىش مەركىزى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق پەن - تېخنىكا كومىتېتى، ئاقتۇ ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسى، لى كېپىڭ قاتارلىق 7 كىشى)، دوۋسۇننى پۈتۈن كېسىپ تاشلاپ يانپاش ئۈچەينى دوۋسۇننىڭ ئورنىغا دەسسىتىش ئوپېراتسىيىسى (خوتەن ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسى؛ لىتىپ قاتارلىق 6 كىشى).

## پەن - تېخنىكا ئەسەرلىرى

2 - دەرىجىلىك مۇكاپات (2 تۈر)

«پارتلىتىش بۇيۇملىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئەمەلىي تېخنىكىسى (جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى، جاۋ بۇفا، لى خۇي)، «شىنجاڭ ئۆسۈملۈك تەزكىرىسى» 1-، 2-، 6 - توملىرى (جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى؛ ياڭ چاڭيۇ قاتارلىق 9 كىشى).

3 - دەرىجىلىك مۇكاپات (4 تۈر)

«تېرىقچىلىق ئىلمى» (شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى، تارىم بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش ئۇنىۋېرسىتېتى؛ ۋاڭ رۇڭدۇڭ قاتارلىق 7 كىشى)، «قىسقىچە ئەرلەر كېسەللىكلىرى قوللانمىسى» ۋە «مەزى بېزى ياللۇغى» (ش ئۇ ئا ر خەلق دوختۇرخانىسى، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى، مىن لىگۇي قاتارلىق 5 كىشى)، «تېمىتىپ سۇغىرىش» (شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى، سۇچىلىق نازارىتى، جاڭ جىشىن قاتارلىق 4 كىشى)، «خەتنە قىلىش تېخنىكىسى ساۋاتلىرى» (شىنجاڭ تېببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى قارىمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانا، پىدايى دۆلەت).

## پاتېنت خىزمىتى

1999 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 876 پاتېنت ئىلتىماس قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە، كەشپىيات پاتېنتى 139، ئەمەلىي يېڭى تىپ پاتېنتى 532، تاشقى كۆرۈنۈش لايىھىسى پاتېنتى 190. پاتېنت ھوقۇقى بېرىلگىنى 859. بۇنىڭ ئىچىدە كەشپىيات پاتېنت ھوقۇقى بېرىلگىنى 32، ئەمەلىي يېڭى تىپ پاتېنت ھوقۇقى بېرىلگىنى 630، تاشقى كۆرۈنۈش لايىھىسى پاتېنت ھوقۇقى بېرىلگىنى 197. پاتېنت ماجىراسىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا دائىر 45 پارچە ئىلتىماس قوبۇل قىلىندى، 21 دېلو ئاياغلاشتۇرۇلدى، 24 دېلو توختىتىپ قويۇلدى، ساختا پاتېنت قىلمىشىغا دائىر 3 دېلو تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، 3 دېلو ئاياغلاشتۇرۇلدى، پاتېنتنى يولغا قويۇش تۈرىگە دائىر 4 تۈر يېڭىدىن بېكىتىلدى، يولغا قويۇش خىراجىتى 300 مىڭ يۈەن بولدى.

يولغا قويۇلغان پاتېنت تۈرلىرىنىڭ نامى تۆۋەندىكىچە: ئەگلىك ئوتتىن ئىشلەنگەن ساقلىقنى ساقلاش - تېرە ئاسراش بۇيۇمى ۋە ئۇنى ياساش ئۇسۇلى، يېڭى تىپتىكى گازىر - پۇرچاق قورۇش ماشىنىسى، بىرىكمە تېپلىق دان ئايرىپ ئۆۋۈتىدىغان خامان تېپىش ماشىنىسى ھەم بىرىكمە تېپلىق تاسمىلىق چاق، ئىچكى بىرىكمە سايمان.

16 پارچە كەشپىيات پاتېنت ئىلتىماسى ئاشكارىلاندى: كەشپىيات نامى تۆۋەندىكىچە: بىر خىل قاتىدىغان - ئېرىيدىغان سوغۇق مېۋە شەربىتى ئىچىملىكىنى تەييارلاش ئۇسۇلى (ئىلتىماس نومۇرى: 99100062) (تۆۋەندىمۇ شۇنداق)، ئاپتوموبىللاردىن چىققان زىيانلىق گازنى يىغىۋالىدىغان تولۇق ئاپتوماتىك قوزغىلىشچان مۇھىت ئاسراش قۇرۇلمىسى (99101418)، ھاشارات يوقىتىش مېيى (99101419)، جاڭجۇڭباۋ قوش يۈزلۈك ئېلان - بىلىم كارتوچكىسى (99101565)، قىچا كۆنجۈرىسىنى ئېچىتىپ زەھەرسىزلەندۈرۈشنىڭ يېڭى ئۇسۇلى (99101577)، پولى ئۆربىتاندىن ئىشلەنگەن سىر (99101988)، قەھۋە - چاي دەملەش ئەسۋابى (99102507)، پۇراقلىق مۇچ مەلھىمى ۋە ئۇنى تەييارلاش ئۇسۇلى (99102603)، بوغۇم ئاغرىقىنى قىستارتىدىغان ئۈنۈملۈك دورا ۋە ئۇنى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى (99103348)، پوچتا نومۇرلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش ئۇسۇلى (99103772)، سىلىقلاش مېيىنىڭ يېپىشقاقلىقىنى ئاشۇرۇش دورىسى ۋە ئۇنى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى (99108204)، كەسپىي سورۇنلاردا ئىشلىتىلىدىغان ئاۋازلىق فوتو ئېلېكتر قۇرۇلمىسىنىڭ كەيپىيات تەڭشەش ئەسۋابى (99110786)، ئارقا تەرىپى ئېگىز تىرەلمە پۈتلۈق يۈگۈرۈش نۇقتىسىدىن چىقىش ئەسۋابى (99112989)، قار لەيلىسى، قوي پروگى يەل قازان شورپىسىنىڭ رېتسېپى (99117675). ئاۋىئاتسىيىلىك ئالەم ئۇچار ئەسۋابى قانچە ئۇزاق ئۇچسىمۇ ماي يەتكۈزۈپ بېرىدىغان باك (99118207)، سۇسىزلاندۇرۇلغان گالوگېنلارنى تەييارلاش ئۇسۇلى (99118689).

86 پارچە ئىلتىماستا ئەمەلىي يېڭى تىپ پاتېنت ھوقۇقى

بېرىلدى، كەشپىيات نامى تۈزۈەندىكىچە: پاختا - يۇڭ كېيىملىرىنىڭ شەكلى ئۆزگىرىشتىن ساقلايدىغان كېيىم ئاسقۇچ (ئىلتىماس نومۇرى: 99201188) (تۈزۈەندىمۇ ئوخشاش)، بىر خىل چىداملىق ۋاننا جازىسى (99201668)، توما (99201792)، كونۇپسىمان ئاغدۇرما قاپقاقلىق يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئېنېرگىيە تېجەيدىغان پار قازان (99201809)، ئۇيغۇر تىلى ھەرپلىرىنى ئۆگىنىش - يېزىش تاختىسى (99201881)، ھەملەنمە سېمونت ئارىلاشتۇرغۇچ (99202158)، ئاياقچىمان قۇتقۇزۇش ئەسۋابى (99202194)، سۇ ئۈزۈش پالىقى (99202260)، كۆپ ئىقتىدارلىق ئېلان تاختىسى (99202264)، بىر خىل ئۆزگەرتىلگەن دانلىق زىرائەت كومبايىن بارمىقى (99202305)، ئائىلىلەردە ئىشلىتىلىدىغان پارۋايلىق سۇ ئىسسىتقۇچ (99202306)، ئۆزگىرىشچان ئېلان چىراغ ساندۇقى (99202402)، يۆگەلمە دېرىزە پەردە جازىسى (99202528)، پارچىلاپ قۇراشتۇرغىلى بولىدىغان تېلېۋىزور (99202578)، چالڭ - توزان تازىلايدىغان ئېنېرگىيە تېجەيدىغان سۇ ئىسسىتقۇچ (99202597)، مۇھىت ئاسرايدىغان - ئېنېرگىيە تېجەيدىغان سۇ كاتولى (99202598)، چايدانىڭ ئاپتوماتىك ئېچىلىپ، يېپىلىدىغان قاپقاق قۇرۇلمىسى (99202618)، كلاپان ئوناشتۇرۇش قۇرۇلمىسى (99202811)، مۇز يېرىش ماشىنىسى (99202848)، ئاشلىق تازىلاش ماشىنىسى (99202895)، قاتلىنىدىغان ساياھەت جاۋۇرى (99202897)، سۇ توختاتقىلى بولىدىغان كلاپان (99203031)، كەينىگە ماڭالايدىغان ۋېلىسىپىت (99203032)، ئاپتوماتىك يۇيۇپ سۈزگۈچ (99203033)، كومپيۇتېر كۇنۇپكا تاختىسى (99203034)، ئېگىزلەتكىلى - پەسەيتكىلى بولىدىغان كىيىم قۇرۇتقۇچ (99203081)، كۆپ ئىقتىدارلىق ئۈستەل (99203084)، قەۋەتلىك بىنالاردا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئاسما سۇۋەت (99203085)، تېز چېرتىيوژ سىزىش قەلىمى (99203087)، ئەپچىل كەمەر (99203091)، قار چاناش - ئىتتىرىش ماشىنىسى (99203248)، ئايلانما سوقىدا ئىشلىتىلىدىغان قوش يۆنىلىشلىك نەملىك ساقلىغۇچ (99203293)، تەقلىدىي پوچاگزا قۇرۇلمىسى (99203294)، ئالاھىدە قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ كەينىدىكى چىراغلارنى پاسكىنىلىشىشتىن ساقلاش قۇرۇلمىسى (99203317)، تېمىتىپ سۇغىرىش تورۇبىسىنى ئوناشتۇرىدىغان زاپچاس (99203491)، كىچىككىنە تولۇق قوزغىلىدىغان ۋېكلىيۇچاتېل (99203511)، ئاپتوموبىللارغا ئىشلىتىلىدىغان سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز قۇرۇلمىسى (99203644)، يېڭى تىپتىكى توك مەنبە روزېتكىسى (99203646)، يۆراق يوقىتىدىغان گولتۇرما تاھارەت قاچىسى (99203688)، سۇ ئاستى ئېلېكتر ناسوسىدا ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان ئوق - قازانلىق لاي - لاتقىدىن ساقلىنىش قۇرۇلمىسى (99203725)، بىر خىل ئۆزگەرتىلگەن تورت قاچىلاش قۇتىسىنىڭ قاپقىقى (99203736)، بىر خىل ئۆزگەرتىلگەن تورت قاچىلاش قۇتىسىنىڭ تەگلىك تەخسىسى (99203744)، قوش قەۋەتلىك يولۇچىلار ئاپتوموبىل تارتما ئىشىكىنىڭ ئاستىنقى سىيرىلما يولىدىكى ئىسسىق شامال قۇرۇلمىسى (99203749)، يۇيۇنغاندا بەدەن سۈرتۈش ماشىنىسى (99203980)، دورا بىلەن سۇيۇقلۇق تەڭ قاچىلىنىدىغان سۇيۇقلۇق بوتۇلكىسى (99203981)، بىر خىل ئۆزگەرتىلگەن يۇڭ قىرقىش ماشىنىسىنىڭ ئاخىرقى قىسىم قۇرۇلمىسى (99203982)، بىر قاناتلىق ئىچى كاۋاك ئىشىك - دېرىزە (99204005)، ماي باكىنىڭ ئىچىدىكى لەيلىمە تەخسىنىڭ سىغىمچانلىقىنى ئاشۇرۇپ رېمونت قىلغاندا ئىشلىتىلىدىغان قاتلىما لىفىت سۇپىسى (99204012)، ئوۋلاش ئەسۋابى (99204033)، سۇيۇق جىسىملارنى قاچىلاش ماشىنىسى (99204209)، دۋىگاتېلنىڭ ئۆزگىرىشچان گاز تەقسىملەش فازىسىنى ئاپتوماتىك تەڭشىلەش قۇرۇلمىسى (99204432)، بىر خىل ئىسسىقلىق يىغقۇچى ئوچاق (99204756)، بىر خىل يېڭى تىپتىكى تازىلىغۇچ (99205956)، مەركەزداش ئارقىمۇ ئارقا ئۇلانغان ھەممىباب ناسوس (99205957)، قاچىلاش ئېغىزى ئاپتوماتىك تىكلىنىدىغان ئاغار (99206110)، ئىسكەتلىك يېقىلغۇ كۆمۈرى ئىشلىتىلىدىغان ئوچاق (99206241)، كومبايىن بىلەن يۇرۇشلەشتۇرۇپ ئۆزگەرتىلگەن كۆممىقوناق ئورۇش قۇرۇلمىسى (99206242)، يەككە تورۇبىلىق قودۇق ئېغىزى قۇرۇلمىسى (99206282)، بىر خىل ئۆزگەرتىلگەن پەسىدۇر قىيامى چېلىكىنىڭ تەگلىك ۋە قاپقاق قۇرۇلمىسى (99206306)، ئۆزگەرتىلگەن يۇڭ قىرقىش ماشىنىسىنىڭ ئاخىرقى قىسىم قۇرۇلمىسى (99206307)، مۇز - قار تازىلاش ماشىنىسى (99206337)، ئاپتوموبىلنىڭ سوۋۇتقۇچى سۇيىنى توك بىلەن قىزدۇرۇش قۇرۇلمىسى (99206498)، بىر خىل گورىزونتال ئۆلچىگۈچ (99206510)، ئەۋرىشىملىق گرافىتلىق قوش كۆپۈنكى يۈزلۈك ھىملەشتۇرگۈچى ھالقا (99206511)، 3 فازىلىق ئۆزگىرىشچان توك دۋىگاتېلىنىڭ قوزغىلىپ ئايلىنىشىنى مۇھاپىزەت قىلىپ تەڭشىلىگۈچ (99206615)، ئارىلاپ - ئارىلاپ توختايدىغان مەركەزدىن قاچما ئاجرىتىش ماشىنىسىنى ئاپتوماتىك تەڭشىلەش قۇرۇلمىسى (99206616)، يېزىش -

سىزىش قوراللىرى ۋە كۆزئەينەك قۇتىسى (99206784)، كىتاب ئوقۇش - خەت يېزىشتا ھالەتنى ئوڭشىلاش جازىسى (99206979)، سۇلياۋ يوپۇق يېپىلگەن ئېكىنزارلىقتا مايسا چىقىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان كۆپ ئىقتىدارلىق سېيالكا (99206993)، ھۆسن تۈزەش ئەينىكى (99207011)، سۇ ناسوسىنىڭ ئوق قازان باستۇرمىسى (99207117)، قوغۇن - تاۋۇز ئۇرۇقىنى تازىلاپ تاللاش ماشىنىسى (99207118)، ئورالما ئاساسىي غولنى كېڭەيتكۈچ (99207155)، سېسىق پۇراقنى يوقىتىپ سۇ تېجەيدىغان ئولتۇرما تاھارەت قاچىسى (99207385)، بىر خىل ھىملىگۈچ (99207783)، ئاپتوماتىك تىزگىنلىنىپ يۆنىلىش ئالماشتۇرالايدىغان ماي باكى (99209082)، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇپ ھۆلچىلىكتىن ساقلايدىغان سۇلياۋ يوپۇق (99209092)، مىتال - ئەينەك ۋاكۇئۇملۇق ئىسسىقلىق يىغقۇچى نەيچە (99209137)، قوش قەۋەتلىك سۇلياۋ يوپۇق يېپىش ماشىنىسى (99209180)، ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ سوقۇلۇشنى ئاستىلاتقۇچ (99209376)، پىداللىق چاق ياكى ئوق قازاننى كۆتۈرۈش ئەسۋابى (99209445)، ھاۋا ئۆتكۈزىدىغان كەش (99209491)، سۇلياۋ يوپۇق ئۈستىدىن ئۆۋۈلاپ تېرىيدىغان سېيالكا (99209623)، ئەپچىل تېلېفون تۇرۇپكىسى (99210246)، بىرلەشمە چاقماق قايتۇرغۇچ (99211840)، بىر خىل گاز كۆپۈكلىرىنى سۈمۈرىدىغان قوش قەۋەتلىك ئاددىي قاچىلاش قۇرۇلمىسى (99212397).

74 پارچە ئىلتىماس تاشقى كۆرۈنۈش لايىھىسى پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشتى: كەشپىيات نامى تۆۋەندىكىچە: قاچىلاش كوزىسى (1) (ئىلتىماس نومۇرى: 99301066) (تۆۋەندىمۇ شۇنداق)، قاچىلاش كوزىسى (2) (99301067)، ماركا (99301257)، بوتۇلكا ماركىسى (99301275)، قېتىق قۇتىسى (99301665)، قاچىلاش خالتىسى (99301666)، كەسمە چۆپ ئوراش قەغىزى (1) (99301667)، كالتسىيلىق سۈت يېمەكلىكى قاچىلاش خالتىسى (99301668)، كەسمە چۆپ ئوراش قەغىزى (2) (99301669)، يوتا قىزىل تومۇرىنى گاز خالتىسى بىلەن بېسىپ قان توختىتىش تاسمىسى (99301670)، ئېلان تاختىسى (99301800)، قاچىلاش خالتىسى (بەيلەنگوا ماروژنى) (99301867)، ماروژنى (بەيلەنگوا) (99301868)، بوتۇلكا ماركىسى (99301926)، ماركا (99301927)، قاچىلاش خالتىسى (2) (99301957)، قاچىلاش خالتىسى (1) (99301958)، ماركا يەلكىسى (99302254)، قاچىلاش خالتىسى (99302501)، قاچىلاش قۇتىسى (1) (99302735)، قاچىلاش قۇتىسى (2) (99302736)، ئۆلچىنىش ئۆچىغا ئىشلىتىلىدىغان جازا (99302948)، ھاراق قۇتىسى (2) (99303043)، ماركا (1) (99303044)، ھاراق قۇتىسى (1) (99303045)، ماركا (2) (99303046)، ھاراق قۇتىسى (99303047)، ئوغۇز سۈتى قاچىلاش قۇتىسى (99303091)، قىمىز قاچىلاش خالتىسى (99303092)، بۇغىنىڭ يۇمران مۈڭگۈز پارچىلىرىنى قاچىلاش قۇتىسى (99303122)، ئوراش قەغىزى (99303232)، قىزىل چاي قۇتىسى (99303233)، قاچىلاش خالتىسى (99303315)، سۇيۇقلۇق بېسىمى بىلەن كۆتۈرۈلۈپ پەسلەيدىغان مەشغۇلات سۇپىسى (99303321)، ھاراق قۇتىسى (4) (99303481)، ھاراق قۇتىسى (3) (99303482)، چاق نازارەت قىلغۇچ (99303511)، كۆز تەكشۈرۈش تاياقچىسى (99304088)، قاچىلاش خالتىسى (2) (99304100)، قاچىلاش قۇتىسى (99304175)، قاچىلاش قۇتىسى (99304176)، قاچىلاش خالتىسى (99304978)، قاچىلاش خالتىسى (1) (99305287)، كۆپ ئىقتىدارلىق چىراغلىق ساندۇق ئېلان تاختىسى (99305419)، تېتىتقۇ قاچىلاش خالتىسى (6) (99306195)، گۇرۇپپىلاشما ئويۇنچۇق (99306204)، كەسمە چۆپ (99306243)، پار بىلەن سۇ ئىسسىتقۇچ (99306302)، پارقازان (99306304)، كاۋاپدان (99306535)، ئوچاق (سۇ قاينىتىشقا، ئىسسىنىشقا بولىدىغان 2 خىل ئىشلەيدىغان ئوچاق) (99306688)، قاچىلاش قۇتىسى (99306986)، ئۇزارتىشقا - قىسقارتىشقا بولىدىغان چاتما سىم («8» شەكىللىك) (99307119)، ماركا (99307285)، «كاۋشۈەن» ماركىلىق بەلگە چىراغ ساندۇقى (99307442)، خەت يېزىشقا ئىشلىتىلىدىغان كاتەكچە قەغەز (99307478)، قاچىلاش خالتىسى (99308385)، قاچىلاش كوزىسى (99308946)، كەسمە چۆپ ئوراش قەغىزى (99309237)، بوتۇلكا ماركىسى (99309238)، قاچىلاش خالتىسى (3) (99309553)، زىننەت ماتېرىياللىرى (99309604)، قاچىلاش خالتىسى (99309691)، رادىئاتور (ئاليۇمىن - پولات بىرىكمىلىك) (99309830)، ئاليۇمىن - پولات بىرىكمىلىك رادىئاتور (99309831)، ئاليۇمىن - پولات بىرىكمىلىك رادىئاتور (99309832)، رادىئاتور (ئاليۇمىن پولات بىرىكمىلىك) (99310200)، رادىئاتور (99310310)، قاچىلاش خالتىسى (99310338)، قاچىلاش خالتىسى (99311227)، قاچىلاش خالتىسى (99312808)، تەكشى تاختاي شەكىللىك دوخوپكا (99313006)، يېمەكلىك قاچىلاش خالتىسى (99313033)، چوكامۇز قاچىلاش خالتىسى (99313034).

خې يىڭگو

# تېخنىكا ئۆتۈنۈپ بېرىش ئەھۋالى

## تېخنىكا بازارلىرى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ئېتىراپ قىلىشى بىلەن 485 تۈرلۈك ھەرخىل تېخنىكا توختامى تىزىمغا ئېلىندى، توختامدىكى پۇتتۇشۇش سوممىسى 428 مىليون يۈەنگە، تېخنىكا سودا سوممىسى 238 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە تېخنىكا يارىتىش توختامى 39 بولۇپ، توختامدىكى سوممىسى 119 مىليون يۈەنگە، تېخنىكا ئۆتۈنۈپ بېرىش توختامى 70 بولۇپ، توختامدىكى سوممىسى 123 مىليون يۈەنگە، تېخنىكا مەسلىھەتچىلىكى توختامى 125 بولۇپ، توختامدىكى سوممىسى 44 مىليون يۈەنگە، تېخنىكا مۇلازىمىتى توختامى 251 بولۇپ، توختامدىكى سوممىسى 142 مىليون يۈەنگە يەتتى. 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر 230 كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇن تېخنىكا سودىسى سالاھىيىتىگە ئېرىشتى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ تېخنىكا بازارلىرىدا باج سىياسىتى ئەڭ ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن بىر يىل بولدى. ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى ش ئۇ ئا ر يەرلىك باج ئىدارىسى، دۆلەت باج ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە باجدا ئېتىبار بېرىش سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولىدىغان 170 تىن ئارتۇق پەن تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىپ تەستىقلاپ، باجدا ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى تەرەققىيات مەركىزى «شىنجاڭ دائىملىق تېخنىكا بازىرى»نى قۇرۇپ ۋىۋىسكا ئاستى. دۆلەت پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكىنىڭ باھالاپ تەكشۈرۈشى بىلەن، كورلا شەھىرى شەرقىي، غەربىي قىسمىدىكى يېزا تېخنىكا بازارلىرىنى ئۇلاشتۇرۇپ ئۈلگە كۆرسىتىش نۇقتىسى قىلىندى، بۇ خىل ئىلتىماس قىلىش خىزمىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا تېخنىكا بازىرى خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ناھايىتى ياخشى رول ئوينىدى.

مالىيە نازارىتىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا ئىناۋەتلىك ھېساب ئېچىلىپ 3 تۈرلۈك توختام مۇشۇ ھېسابات ئارقىلىق باشقۇرۇلۇپ ناھايىتى ياخشى بولغا قويۇلدى، تېخنىكا سودىسىدا سېتىۋالغۇچى تەرەپ بىلەن ساتقۇچى تەرەپنىڭ مەنپەئىتى قوغداپ قېلىنىپ، تېخنىكا سودىسى بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئورۇنلارنىڭ ئالقىشىغا ۋە ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

1999 - يىلى ئىلتىماس قىلىنغان 2 تۈرلۈك توختامدىكى تېخنىكا ھوقۇق تەۋەلىكىنىڭ چەك - چېگرىسى بېكىتىلدى، بۇنىڭ بىلەن، بۇ تېخنىكىنى ئىگىلىگەن ئورۇن يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى يەرمەنكىسىدە مول نەتىجىگە ئېرىشتى. 1999 - يىلى 8 پارچە تېخنىكا ئېلانى تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدىن 2 سى لاياقەتسىز بولغانلىقتىن ئىنكار قىلىنىپ، تېخنىكا سودىسىدا ماجىرا پەيدا بولۇشنىڭ ئالدى ئېلىندى.

ئەنۋەر

## 99′ شىنجاڭ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى - پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى كۆرگەزمىسى

ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى باشچىلىق قىلغان، ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى بىلەن بىڭتۇەن پەن - تېخنىكا كومىتېتى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان، سانجى ئوبلاستلىق پەن - تېخنىكا كومىتېتى، سانجى ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى ھەمكارلىشىپ باشقۇرغان 99′ شىنجاڭ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى - پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى كۆرگەزمىسى 1999 - يىل 8 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە سانجى شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. 76 ئورۇن، 600 دىن كۆپرەك ۋەكىل كۆرگەزمىگە قاتناشتى. ئاپتونوم رايون ۋە بىڭتۇەندىكى ئالاقىدار ئورۇنلاردىن سىرت، شاڭخەي، تيەنجىن، خېيلۇڭجياڭ قاتارلىق ئۆلكە - ئاپتونوم رايوندىكى 19 كارخانا ۋە ئامېرىكا، ئىتالىيە، فرانسىيىدىكى 4 شىركەتنىڭ مەھسۇلاتلىرى كۆرگەزمىگە قويۇلدى. كۆرگەزمىگە 340 تىن كۆپرەك (يۈرۈش، دانە) ھەرخىل دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى يېڭى مەھسۇلاتى قويۇلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ئابدۇرېھىم ھامىد، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شيۇڭ خۇيىين كۆرگەزمىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى ھەمدە مۇھىم سۆز قىلدى. ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مىجىت ناسىر ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەمدە سۆز قىلدى. كۆرگەزمە مەزگىلىدە سېتىلغان ھەرخىل ماشىنا جەمئىي 361 دانە (يۈرۈش) بولۇپ، پۇتتۇشۇش سوممىسى 12 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 15 مىڭ 800 پارچە ھەرخىل ماتېرىيال تارقىتىلدى، ئېكسكۇرسىيە قىلغۇچىلار 11 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى.

دېي گۇاڭفۇ

## تۆنجى نۆۋەتلىك يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى يەرمەنكىسىدە مۇنەۋۋەر پۇتتۇشۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشىش ئەھۋالى

تۆنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا

مۇۋەپپەقىيەتلىرى يەرمەنكىسى 1999 - يىل 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە شېنجېن شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايون ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ خۇەيپۇ باشچىلىقىدىكى شىنجاڭ كۆرگەزمە ئۆمىكىنى ئۇيۇشتۇردى. بۇ ئۆمەك كۆرگەزمىگە جەمئىي 45 تەتقىقات تۈرىنى قاتناشتۇردى. بۇلار ئىچىدە دېھقانچىلىققا دائىر تۈر 2، چارۋىچىلىققا دائىر تۈر 9، سۇچىلىققا دائىر تۈر بىر، ئوغۇت، دېھقانچىلىق دورىلىرى، مىكرو ئورگانىزمغا دائىر تۈر 6، خىمىيە سانائىتىگە دائىر تۈر 4، تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىك، مەھىيە ئىشلىرىغا دائىر تۈر 9، ماشىنىسازلىق، ئېلېكترونغا دائىر تۈر 7، بىناكارلىق قۇرۇلۇشىغا دائىر تۈر بىر، باشقا تۈر 6. مۇتلەق كۆپ ساندىكى تۈرلەر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى پەن تەتقىقات، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا نەتىجىلىرى بولۇپ، ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، بۇلار ئىچىدە بىر قىسىم تەتقىقات نەتىجىلىرى خەلقئارا ئىلغار سەۋىيىسىگە يەتكەن. يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى يەرمەنكىسى مەزگىلىدە، شىنجاڭ كۆرگەزمە ئۆمىكى 15 تۈردە پۈتۈشتى، پۈتۈشۈش سوممىسى 1 مىليارد 89 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمزالانغان توختام 4 كە، ئومۇمىي پۈتۈشۈش سوممىسى 188 مىليون يۈەنگە يەتتى، شىنجاڭ كۆرگەزمە ئۆمىكى تەشكىللەش ھەيئىتى تارقاتقان يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى يەرمەنكىسىنىڭ مۇنەۋۋەر پۈتۈشۈش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ياڭ لۈيى

# پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش - كېڭەيتىش ئەھۋالى

## قىشلىق پەن - تېخنىكا پائالىيىتى

11 - نۆۋەتلىك قىشلىق پەن - تېخنىكا پائالىيىتى 1999 - يىل 11 - ئايدىن 2000 - يىل 3 - ئايغىچە ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە قانات يايدۇرۇلدى. بۇ پائالىيەتتە دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش مەقسەت، ئەمەلىي تېخنىكا بويىچە تەربىيىلەشنى قانات يايدۇرۇش ئاساسىي مەزمۇن قىلىندى. تولۇقسىز مەلۇماتقا قارىغاندا، بۇ نۆۋەتلىك قىشلىق پەن - تېخنىكا پائالىيىتىدە ھەرخىل كۇرستىن 19 مىڭ 900 قارار ئېچىلىپ، كادىرلار ۋە ئاممىدىن 1 مىليون 880 مىڭ ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەنگەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىدىن 25 مىڭ 200 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەنگەن. 2 مىليون 60 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر ھەرخىل ماتېرىياللاردىن 1 مىليون 466 مىڭ نۇسخا بېسىپ تارقىتىلغان، پەن - تېخنىكىغا دائىر سىنئالغۇ فىلىمىدىن 6000 قېتىم قويۇلغان. 2000 دېھقان تېخنىك باھالاپ چىقىلغان، يېزىلاردا پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە مەدەنىي ئۈلگە ئائىلىسىدىن 2890 ى باھالاپ چىقىلغان، بۇنىڭ بىلەن يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈلدى.

شيې شۆيەن

## دېھقانلار كەسپىي تېخنىكا جەمئىيىتى

1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە ھەرخىل يېزا كەسپىي تېخنىكا جەمئىيىتىدىن 1280ى بارلىققا كېلىپ، ئەزاسى 41 مىڭغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە تېخنىكا ئالماشتۇرۇش ۋە مۇلازىمەت تىپىدىكى جەمئىيەت %98نى، تېخنىكا ئىقتىسادىي گەۋدە تىپىدىكى جەمئىيەت %2نى ئىگىلەيدۇ، بۇ جەمئىيەتلەر 40 تىن كۆپرەك كەسىپكە چېتىلغان بولۇپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى كەڭ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىغا تارقالغان.

1999 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىخو شەھىرىدە يېزا كەسپىي تېخنىكا جەمئىيەتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلىپ، يېڭى ۋەزىيەتتە كەسپىي دېھقانلار جەمئىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يۆنىلىشى، تەسەۋۋۇرى، ۋەزىپە ۋە تەدبىرلەر مۇھاكىمە قىلىندى. قۇمۇل ۋىلايەتلىك قوغۇنچىلىق جەمئىيىتى ئاكادېمىك ۋۇ مىڭجۇنى قوغۇن ئۆستۈرۈش تېخنىكا كۇرسىغا لېكسىيە سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. ئىلى ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى كەسپىي دېھقانلار جەمئىيىتىدىن 56نى يېڭىدىن قۇرۇپ چىقتى.

ۋاڭ چاڭفۇ

## ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمەت ئەترىتى

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر پەن -تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمەت ئەترىتى ئۈرۈمچى شەھىرى، سانجى ئوبلاستى، بورتالا ئوبلاستى، تۇرپان، قۇمۇل، خوتەن رايونلىرىدىكى 14 ناھىيە، شەھەر، 60 تىن ئارتۇق يېزا (بازار) غا ھەمدە بىڭتۈەننىڭ تۈەن - مەيدانلىرىغا بېرىپ، پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش، تەشۋىق قىلىش خىزمىتى ۋە پەن - تېخنىكا مۇلازىمىتى قىلدى. خىزمەت ئەترىتى پەن - تېخنىكىنى

ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر رەسىم، پەن - تېخنىكىغا دائىر كىتاب، ژۇرنال - ماتېرىياللارنى تارقىتىش، پەن - تېخنىكىغا دائىر سىن فىلىملىرىنى قويۇش، پەن - تېخنىكىدىن مەسلىھەت بېرىش، پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنى تەربىيىلەش، پەن - تېخنىكىدىن لېكسىيە ئوقۇش، يېڭى تېخنىكا، يېڭى مەھسۇلاتلارنى كېڭەيتىپ قوللىنىش قاتارلىق شەكىللەردىن پايدىلىنىپ، پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش - تەشۋىق قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش بازىرى قۇرۇش، پەن - تېخنىكا جەمئىيەتتە ئۈلگە كۆرسىتىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، دېھقانچىلىق تېرىقچىلىقى، چوڭ لاپاستا كۆكتات ئۆستۈرۈش، مېۋىلىك دەرەخلەرنى تىكىپ ئۆستۈرۈش، ئىلمىي ئۇسۇلدا باقمىچىلىق قىلىش، چارۋا ماللاردىكى كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش قاتارلىق ئىلغار ئەمەلىي تېخنىكىلارنى كېڭەيتتى. پەن - تېخنىكىغا دائىر 30 مىڭ پارچىدىن كۆپرەك ماتېرىيال تارقاتتى. پەن - تېخنىكىغا دائىر 50 يۈرۈشتىن كۆپرەك ئاسما رەسىمنى 30 قېتىمدىن كۆپرەك سەييارە كۆرگەزمە قىلدى. پەن - تېخنىكىغا دائىر 200 دىن كۆپرەك سىنئالغۇ فىلىمى تارقاتتى، ھەر مىللەت كادىر - ئاممىسىدىن ئاز كەم 400 مىڭ كىشى پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتىگە قاتنىشىپ، پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى ئالدى.

شىي شۈيەن

## پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات ھەپتىلىكى پائالىيىتى

ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى بىلەن شىنجاڭ تۆمۈريول ئىلمىي جەمئىيىتى، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئالاقىدار ئورۇنلار 1999 - يىل 9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئۈرۈمچى پويىز ئىستانسىسىدا 1999 - يىلى پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە چوڭ تىپتىكى تەشۋىقات ھەپتىلىكى پائالىيىتىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزدى. بۇ قېتىمقى پائالىيەتتە تەشۋىق قىلىنىدىغان ئاساسىي تېما — «ئىلىم - پەن ۋە مەدەنىيلىك» بولدى، خۇداسىزلىق بىلەن ماتېرىيالىزىم ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىش، ئاممىۋى خاراكتېرلىك پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش - تەشۋىق قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، «فالۇن گوڭپىسى»نى ئاڭلىق پاش قىلىش ۋە تەنقىد قىلىش، ئىلىم - پەنگە ھۆرمەت قىلىش، ئىلىم - پەن ئۆگىنىش، ئىلىم - پەننى قوللىنىش كەيپىياتىنى يارىتىش مۇھىم نۇقتا قىلىندى. جايلار ھەرخىل شەكىللەر ئارقىلىق، پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات ھەپتىلىكى پائالىيىتىنى داغدۇغىلىق قانات يايدۇردى.

تولۇقسىز مەلۇماتقا قارىغاندا، تەشۋىقات ھەپتىلىكى پائالىيىتىدە جەمئىي 100 تەشۋىقات ماشىنىسى ئىشقا سېلىنغان، 1700 لوزۇنكا ئېسىلغان، پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش تاختىلىرى ئىشلەنگەن، 1200 پارچە رەسىم كۆرگەزمە قىلىنغان، 1500 دىن كۆپرەك پەن - تېخنىكا خادىمى مەسلىھەت بېرىش - تەكشۈرۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا ئۇيۇشتۇرۇلغان. 200 تۈردىن كۆپرەك ئەمەلىي تېخنىكا كېڭەيتىلگەن. 400 قېتىم سىن فىلىمى، كىنو فىلىمى قويۇپ بېرىلگەن، تەربىيىلىنىش دائىرىسى 300 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتكەن.

شىي شۈيەن

## ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ پەن - تېخنىكا تارقىتىش پائالىيىتى

1999 - يىلى ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ چوڭلار بىلەن كىچىكلەر قول تۇتۇشۇپ، گۈزەل يۇرت بەرپا قىلىش ئاساسىي تېما قىلىنغان ياشلار - ئۆسمۈرلەر پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى، ئورمانچىلىق نازارىتى، ش ئۇ ئا ر كۆكەرتىش كومىتېتى بىرلىشىپ 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يامالىق تېغىدا «يېشىل يۇرت - ماكان بەرپا قىلىش - ئەسىر دەرىخى تىكىش» بويىچە مىڭ كىشىلىك ئىمزا قويۇش پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇردى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەھبەرلىرى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى 1000 دىن ئارتۇق ھەر مىللەت ياشلىرى ۋە ئۆسمۈرلىرى بىلەن بىرلىكتە چوڭلار بىلەن كىچىكلەر قول تۇتۇشۇپ ئەسىر دەرىخى تىكىش بويىچە ئورمان بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئاپتونوم رايون بويىچە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت، ئاسترونومىيە، يەر ئىلمى ھەمدە خوراپاتلىقنى تۈگىتىش، ئىلىم - پەنگە ھۆرمەت قىلىش قاتارلىق مەزمۇنلاردا پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش دوكلات يىغىنى ۋە پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر لېكسىيە سۆزلەش پائالىيىتى 100 قېتىمدىن كۆپرەك ئۇيۇشتۇرۇلغان، ئۇنىڭغا 24 مىڭ 200 ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى قاتناشقان، 28 قېتىم پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلگەن، 1000 دىن كۆپرەك قارا تاختاي گېزىتى كۆرگەزمە قىلىنغان، 146 قېتىم تېلېۋىزىيە، سىن فىلىمى قويۇپ بېرىلگەن؛ پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر ماتېرىيالدىن 47 مىڭ 750 نۇسخا تارقىتىلغان. ئۇنىڭدىن 180 مىڭدىن كۆپرەك كىشى نەپ ئالغان. 19 - نۆۋەتلىك ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىلىم - پەننى سۆيۈش ئېيى پائالىيىتى

داۋامىدا، 500 مىڭدىن كۆپرەك ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ھەرخىل پەن - تېخنىكا پائالىيىتىگە قاتناشتى.

ۋاڭ چاڭفۇ

## پەننى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر ژۇرناللار

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى «پەن ۋە تۇرمۇش»، «بىلىم - كۈچ» (ئۇيغۇرچە) ژۇرنىلىدىن 120 مىڭ نۇسخا نەشر قىلىپ تارقاتتى. «يېزىلاردىكى پارتىيە ئەزالىرى، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ ئەمەلىي تېخنىكا قوللانمىسى» (قازاقچە) دىن 5000 نۇسخا نەشر قىلدۇردى. ئىلى ئوبلاستلىق پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى «ئىلى پەننى ئومۇملاشتۇرۇش» (قازاقچە، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە) ژۇرنىلىدىن 32 مىڭ نۇسخا نەشر قىلىپ تارقاتتى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى «قوغۇننى مول ھوسۇللۇق قىلىپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى ۋە ئاساسلىق كېسەللىك - ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش» ناملىق (ئۇيغۇرچە) ماتېرىيالنى 2000 نۇسخا نەشر قىلدۇردى، ئالتاي ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى «پەن ۋە تېخنىكا» (قازاقچە) ژۇرنىلىنى 25 مىڭ نۇسخا نەشر قىلدۇرۇپ تارقاتتى، شىخەنزە شەھەرلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى بىلەن مۇھىت ئاسراش ئىلمىي جەمئىيىتى بىرلىشىپ «شىخەنزە پەن - تېخنىكا گېزىتى»نىڭ «يەر شارنى قۇتقۇزۇشنىڭ ئۆزى كەلگۈسىنى قۇتقۇزغانلىق» دېگەن ئاساسىي تېمىدىكى مەخسۇس سانىدىن 8000 نۇسخا تۈزۈپ تارقاتتى. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىلمىي جەمئىيەتلەر رەھبەرلىك قىلغان ۋە ئالاقىدار تارماقلار بىرلىشىپ باشقۇرغان ھەمدە مەملىكەت بويىچە ئاشكارا تارقىتىلىدىغان 53 خىل پەن - تېخنىكا قەرەللىك ژۇرنىلى ۋە شىنجاڭ تەۋەسىدە تارقىتىلىدىغان پەن - تېخنىكا ژۇرنىلىدىن 600 مىڭ نۇسخا تارقىتىلدى، بۇ، ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ئىلىم - پەننى راۋاجلاندۇرۇشىدا مۇھىم رول ئوينىدى.

ۋاڭ چاڭفۇ

## ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ پەن - تېخنىكىغا دائىر ئىلمىي ماقالىلىرى مەملىكەت بويىچە مۇكاپاتلاندى

1999 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 7 - كۈنىگىچە ئىچكى موڭغۇلدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك 5 - نۆۋەتلىك ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ بىئولوگىيە ۋە مۇھىت پەنلىرى بويىچە ئەمەلىيەت پائالىيىتى كۆرگەزمىسىدە، ئاپتونوم رايون بويىچە پەن - تېخنىكىغا دائىر 11 پارچە ئىلمىي ماقالە مۇكاپاتلاندى.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك 23 - ئوتتۇرا مەكتەپ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى يازغان «ئۈرۈمچى شەھىرى خۇاڭخې يولى بۆلىكىدىكى دەل - دەرەخلەرنى پەرۋىش قىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش»، شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئوتتۇرا مەكتىپىدىن جياڭ كۈن، ساۋۇل قاتارلىق 5 ئوقۇغۇچى يازغان «ئۈرۈمچىنىڭ ئەخلەت بىلەن قىسمەن بۇلغىنىش ئەھۋالى» دېگەن ئىلمىي ماقالە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ شىنجاڭ مالەن 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى گاۋ پىڭلياڭ يازغان «مالەن رايونىدىكى سۇ بايلىقىنى تەكشۈرۈش»، بارىكۆل ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئاۋتىڭ قاتارلىق 5 ئوقۇغۇچى يازغان «يەر شارىدىكى ھاياتلىق ئۈچۈن»، شىنجاڭ مالەن باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ۋاڭ خۇەندۇڭ يازغان «كۆركە توخۇنىڭ خۇسۇسىيىتىنى كۆزىتىش ۋە نەسىل قالدۇرۇش تەجرىبىسى» دېگەن ئىلمىي ماقالە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك 23 - ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئېكولوگىيىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى يازغان «ئۈرۈمچى شەھەرلىك 23 - ئوتتۇرا مەكتەپ ھويلىسىنىڭ ئېكولوگىيىسىنى تەكشۈرۈش ئەھۋالى»، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن چىن ۋېي يازغان «لىيۇشەن تېغى ئۆسۈملۈك ئېكولوگىيە سىستېمىسىدىكى جانلىقلارنىڭ كۆپ خىللىقى»، شىنجاڭ مالەن ئوتتۇرا مەكتىپىدىن ياڭ گوخۇا يازغان «ئاق تۇرۇپنىڭ پورلىشىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەجرىبىسى»، شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئوتتۇرا مەكتىپىدىن رەشىدەگۈل يار قاتارلىق 5 ئوقۇغۇچى يازغان «بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئوتتۇرا مەكتىپىدىكى قىسمەن تولۇق ئوتتۇرا ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دېمودېتسىدوز كېسىلى بىلەن يۇقۇملىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش»، بىڭتۇەن 2 - ئوتتۇرا مەكتىپىدىن جاڭ شىن يازغان «دۆربىلجىندىكى ھايۋانلار»، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 23 - ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇقسىز 2 - يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بىئولوگىيە دەرسىتىن سىرتقى پائالىيەت گۇرۇپپىسى يازغان «خۇاڭخې يولى بۆلىكىدىكى ئاتموسفېرانىڭ بۇلغىنىشىنى تەكشۈرۈش دوكلاتى» مۇنەۋۋەر پائالىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك ماتارىپ كومىتېتىنىڭ بىئولوگىيە كافېدراسى، مالەن باشلانغۇچ مەكتىپى مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ۋۇ شياۋخۇڭ

## ئاپتونوم رايون بويىچە ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ NOT99 كومپيۇتېر مۇسابىقىسى

مەملىكەت بويىچە ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ NOT99 كومپيۇتېر ئولىمپىك تارماق رايون بىرلەشمە مۇسابىقىسىنىڭ شىنجاڭ مۇسابىقە رايونىدىكى مۇسابىقە پائالىيىتى 1999 - يىل

11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئۈرۈمچى، بايىنغولىن، شىخەنزە، قەشقەر، تارباغاتاي، تۇرپان، قۇمۇل، قارامايدىن ئىبارەت 8 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە ساۋەن ناھىيىسىدىن كەلگەن 42 ماھىر مۇسابىقىگە قاتناشتى. ئۆستۈرۈش گۇرۇپپىسى بويىچە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا 3 ئوقۇغۇچى، 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا 7 ئوقۇغۇچى، 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا 10 ئوقۇغۇچى تاللاپ چىقىلدى؛ ئومۇملاشتۇرۇش گۇرۇپپىسى بويىچە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا 2 ئوقۇغۇچى، 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا 7 ئوقۇغۇچى، 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا 10 ئوقۇغۇچى تاللاپ چىقىلدى.

ۋاڭ چاڭفۇ

## ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ 9 ـ نۆۋەتلىك پەن ـ تېخنىكا ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى

ش ئۇ ئا ر پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى، مائارىپ كومىتېتى، پەن ـ تېخنىكا كومىتېتى، ئاياللار بىرلەشمىسى، ئىتتىپاق كومىتېتى، تەنتەربىيە كومىتېتى ۋە بىڭتۇەن پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى، بىڭتۇەن مائارىپ كومىتېتى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ مەيچۈر لوڭقىسى بويىچە 9 ـ نۆۋەتلىك پەن ـ تېخنىكا ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى 1999 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن 17 ـ كۈنىگىچە شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا سارىيىدا ئېچىلدى، ئۆگىنىش، ئىجاد قىلىش، كەلەچەك كۆرگەزمىنىڭ ئاساسىي تېمىسى قىلىندى. كۆرگەزمىگە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر، بىڭتۇەن ۋە ھەربىي قىسىملاردىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كىچىك كەشپىيات، كىچىك ئىجادىيەت، ئېلېكترون، بىئولوگىيە مېخانىزمى، فىزىكا ۋە مودېلدىن ئىبارەت 7 چوڭ تۈر بويىچە جەمئىي 468 ئەسىرى قاتناشتۇرۇلدى. ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلىرى ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل قاتارلىق 9 مىللەتتىن تەركىب تاپقان، ئەڭ چوڭى 20 ياش، ئەڭ كىچىكى 6 ياشتا. كۆرگەزمە مەزگىلىدە ئۈرۈمچى شەھىرى سانجى ئوبلاستى بويىچە ئازكەم 10 مىڭ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، بىڭتۇەندىن بولۇپ 100 دىن كۆپرەك پەن ـ تېخنىكا يېتەكچىسى ئېكسكۇرسىيە، ئۆگىنىشتە بولدى. مۇتەخەسسىسلەردىن تەركىب تاپقان باھالاش ھەيئىتىنىڭ باھالاپ تاللىشى ئارقىلىق، مۇكاپاتلىنىدىغان 168 ئەسەر باھالاپ چىقىلدى، بۇلار ئىچىدە 20 ئەسەر 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 49 ئەسەر 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 93 ئەسەر 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ 32 ئەسىرى مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۈرۈمچى شەھىرى، بىڭتۇەن، سانجى ئوبلاستى، ئاقسۇ ۋىلايىتى، بايىنغولىن ئوبلاستى، ئىلى ۋىلايىتى مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتىغا، قاراماي شەھىرى ئەڭ ياخشى قارا تاختاي لايىھىلەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ۋاڭ چاڭفۇ

## خەلقئارا خەلق ئارىسىدىكى پەن ـ تېخنىكا ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى

1999 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى 16 تۈركۈمدە 156 ئادەم (قېتىم) قاتناشقان خەلقئارا خەلق ئارىسىدىكى پەن ـ تېخنىكا ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىق ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىپ بەردى ۋە ئۇلارنى كۈتۈۋالدى. مۇتەخەسسىسلەر، كارخانىچىلار ۋە ھۆكۈمەت خادىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 14 كىشىلىك زىيارەت ئۆمىكىنى روسىيە فېدېراتسىيىسى ئالتاي چېگرا رايونى، يېڭى سىبىرىيە ئوبلاستى، تومسكى ئوبلاستىغا ئەۋەتىپ، ئالاقىدار ھۆكۈمەت تارماقلىرى، ئۇنىۋېرسىتېت، كارخانىلار بىلەن 25 تۈر بويىچە ھەمكارلىق مۇددىئانامىسى ۋە كېلىشىم ئىمزالىدى. كېلىشىمگە ئاساسەن، روسىيىنىڭ سىبىرىيە نېفىت ۋە تەبىئىي گاز ۋەكىللەر ئۆمىكى، تومسكى نېفىت ـ خىمىيە مۇتەخەسسىسلىرى شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىنى زىيارەت قىلدى، «شىنجاڭ نېفىت گېئولوگىيىسى» ژۇرنىلىنى تەھرىرلەش ـ نەشر قىلىپ تارقىتىش توغرىسىدا ھەمكارلىق مۇددىئانامىسى ئىمزالىدى ھەمدە تەتقىق قىلىپ ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈن، روسىيە فېدېراتسىيىسى يېڭىدىن تەتقىق قىلىپ ياسىغان 4 خىل خىمىيىلىك دورىنى شىنجاڭ نېفىتلىكىدە قالدۇردى. شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىيات شىركىتى يەنە روسىيە بىلەن كالىيلىق ئوغۇت سودا پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇردى. شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى جۇڭگو پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى خەلقئارا بۆلۈمى، جۇڭگو خەلقئارا دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى قاتارلىقلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ياپونىيە، ئەنگلىيە، شياڭگاڭ، ئاۋمېن، قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلار بىلەن خەلقئارا خەلق ئارىسىدىكى پەن ـ تېخنىكا ئالماشتۇرۇش ۋە پەن ـ تېخنىكا ھەمكارلىقىنى قانات يايدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونغا ئىختىساسلىق خادىم ۋە تېخنىكا كىرگۈزۈش ئۈچۈن ئاكتىپ خىزمەت قىلدى.

شيې شۈيەن

# پەن ـ تېخنىكا خىزمىتى

## ئاپتونوم رايونلۇق تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش يىغىنى

بۇ يىغىن 1999 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىن

12 - كۈنىگىچە ئۆرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىننىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى مەملىكەتلىك تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش، پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنىڭ مەھسۇلاتقا ئايلىنىشىنى تېزلىتىش، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلارنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇنىڭ كەسپلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىنى، خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى، ئاساسلىق ۋەزىپە ۋە سىياسەت تەدبىرلەرنى مۇھاكىمە قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇش، ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۇنىڭ كەسپلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش توغرىسىدىكى قارارىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ھەققىدىكى پىكرى»نى مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللاش. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرنى ھەممە كەلگەن - تېخنىكا خادىملىرىنى ئاپتونوم رايوننىڭ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش خىزمىتىنى ئىرىشىپ ياخشى ئىشلەپ، پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنىڭ مەھسۇلاتقا ئايلىنىشىنى تېزلىتىپ، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۇنىڭ كەسپلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش خىزمىتىنى تېزلىتىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سۈرۈشكە سەپەرۋەر قىلىشتىن ئىبارەت بولدى.

يىغىندا ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن مۇھىم سۆز قىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىتمۇ مۇھىم سۆز قىلدى.

يىغىندا ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قېيۇم باھاۋۇدۇن تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش خىزمىتى توغرىسىدا دوكلات بەردى.

يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ 1998 - يىللىق پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتى تارقىتىلدى.

ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، ئاپتونوم رايوندىكى بۆلۈم، كومىتېت، ئىشخانا، نازارەت، ئىدارە، ئالىي مەكتەپلەر، پەن تەتقىقات يۇرتى ۋە ئورۇنلىرىنىڭ ھەم ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى، پەن تەتقىقات خىزمىتىگە مەسئۇل تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنغا قاتناشتى.

ۋاڭ يۈڭپىڭ

## ش ئۇ ئا ر مۇتەخەسسىس مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن، 2 - نۆۋەتلىك ش ئۇ ئا ر مۇتەخەسسىس مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكى كومىتېتى ئۆمەك تەركىبىدىكى خادىملارنى تەڭشەپ چىقتى، ئۆمەك قارىمىقىدىكى 17 كەسپىي گۇرۇپپىغا يېڭىدىن 43 مۇتەخەسسىسنى تەكلىپ قىلدى، 39 مۇتەخەسسىسنى تەڭشىدى ۋە خىزمەتتىن بوشاتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۆمەك ئەزالىرىنىڭ بىلىم، ياش قۇرۇلمىسى سەرخىللاشتى ۋە ياخشىلاندى.

ش ئۇ ئا ر مۇتەخەسسىس مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئىقتىساد تەتقىقات مەركىزى، ش ئۇ ئا ر يېزا خىزمىتى ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر تەمىنات - سودا كوپېراتىپى قاتارلىق ئورۇنلار بىلەن بىرلىكتە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، 1999 - يىل 6 - ئايدىن 7 - ئايغىچە جەنۇبىي - شىمالىي شىنجاڭدىكى پاختا ئىشلەپچىقىرىدىغان نۇقتىلىق ۋىلايەت، ناھىيىلەردە ۋە بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 3 - شىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىگە «ئاپتونوم رايوننىڭ پاختا ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدا پىكىر» سۇندى؛ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پاختىچىلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر»نى تۈزۈپ چىقتى. مۇتەخەسسىس مەسلىھەتچىلەر ئوتتۇرىغا قويغان نىگىزلىك تەسەۋۋۇرلار، ئاساسلىق كۆز قاراش ۋە نۇرغۇن تەكلىپلەر ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى. بۇ ئۆمەك يەنە تەتقىقات تېمىسى گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ «شىنجاڭنىڭ پاختىچىلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش تەدبىرلىرى ئۈستىدە تەتقىقات»نى تاماملىدى.

ش ئۇ ئا ر مۇتەخەسسىس مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكى 1999 - يىل 10 - ئايدا تەكلىپكە بىنائەن مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنى خېجىڭ ناھىيىسىگە يىرىك يېزا ئىگىلىكىنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ئۈچۈن پىلان ۋە چارە - تەدبىر كۆرسىتىشكە ئەۋەتتى.

ش ئۇ ئا ر مۇتەخەسسىس مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكى 1999 - يىل 12 - ئايدا قىسمەن مۇتەخەسسىسلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، «غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا شىنجاڭ قانداق قىلىشى كېرەك» دېگەن تېمىدا مەخسۇس مۇھاكىمە ئېلىپ باردى. مۇتەخەسسىسلەر تاللىۋېلىشتا پايدىلىنىشقا بولىدىغان 3 خىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويدى، يەنە شىنجاڭنى ئومۇمىيۈزلۈك

ئېچىشقا زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان سۈپەتلىك، قاتناش، شەھەر قۇرۇلۇشى، پەن - مائارىپ، پۇل مۇئامىلە قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە تەدبىر - تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر مۇتەخەسسىس مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكى ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ يېڭى پىكىر يوللىرىغا ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ ئۆزگىچە ئىقتىسادىي پائالىيەت لايىھىسىنى تۈزۈش ۋە ئۇنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشنى زىچ دەۋرىي قىلىپ، مول مەزمۇنلۇق خىلمۇ خىل مەسلىھەتچىلىك پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باردى.

لى كېجيەن

## تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئاپپاراتلىرىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندا تارماقلارغا قاراشلىق ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى مۇستەقىل پەن - تېخنىكا ئاپپاراتى 130، كەسپكار 8813. بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي تېخنىكا كادىرى 6484. بۇ ئاپپاراتلار قۇرغان ھەرخىل ئىقتىسادىي گەۋدە 85، كەسپكار 1584. بۇلارنىڭ يىللىق ئومۇمىي كىرىمى 122 مىليون 796 مىڭ يۈەنگە، ئالغان ئومۇمىي پايدىسى 6 مىليون 675 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1. ناھىيىدىن يۇقىرى تارماقلارغا قاراشلىق پەن - تېخنىكا ئاپپاراتلىرى.

1) تەبىئىي پەن ۋە تېخنىكا ساھەسىدىكى تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئاپپاراتلىرى. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندا تەبىئىي پەن ۋە تېخنىكا ساھەسىدىكى تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئاپپاراتى 113، كەسپكار 8113، بۇنىڭ ئىچىدە پەن - تېخنىكا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىم 5607، ئالىي ئۇنۋانلىقلار 1289، ئوتتۇرا ئۇنۋانلىقلار 2070، تۆۋەن ئۇنۋانلىقلار 1534.

يىللىق ئومۇمىي خىراجەت كىرىمى 312 مىليون 670 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت ئاجرىتىپ بەرگەن پۇل 184 مىليون 72 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن %17 ئاشتى؛ تېخنىكىلىق كىرىم 60 مىليون 982 مىڭ يۈەن بولۇپ، %8. 14 ئاشتى. ئومۇمىي خىراجەت چىقىمى 304 مىليون 801 مىڭ يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە خادىملارنىڭ خىراجىتى 116 مىليون 875 مىڭ يۈەن، پەن تەتقىقات كەسپىي خىراجىتى 54 مىليون 38 مىڭ يۈەن.

مۇشۇ يىلدا 1210 تېما تەتقىق قىلىندى، بۇنىڭغا 2506 خادىم قاتناشتى، 67 مىليون 649 مىڭ يۈەن خىراجەت سەرپ قىلىندى. تېمىلارغا سەرپ قىلىنغان خىراجەت ئىچىدە ئاساسىي تەتقىقات خىراجىتى %05. 6نى، ئەمەلىي تەتقىقات خىراجىتى %1. 27نى، تەجرىبە تەرەققىيات خىراجىتى %1. 22نى، تەتقىقات ۋە تەجرىبە تەرەققىيات نەتىجىلىرىنى قوللىنىش خىراجىتى %4. 34نى، پەن - تېخنىكا مۇلازىمەت خىراجىتى %77. 8نى، ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك پائالىيەت خىراجىتى %58. 1نى ئىگىلىدى.

مۇشۇ يىلدا تېخنىكا توختامى ئىمزالاشتىن كىرگەن ئەمەلىي كىرىم 6 مىليون 972 مىڭ يۈەنگە يەتتى. پەن - تېخنىكىغا دائىر 1126 ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە 25 ماقالە چەت ئەلدە ئېلان قىلىندى؛ 8 خىل مەخسۇس پەن - تېخنىكا ئەسىرى نەشر قىلىندى. 96 تۈرلۈك پەن - تېخنىكا نەتىجىسى مۇكاپاتلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە 9 تۈر دۆلەت دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 53 تۈر ئۆلكە، مىنىستىرلىك دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 34 تۈر ۋىلايەت، ئوبلاست (شەھەر) دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

بۇ ئاپپاراتلار ئىچىدە، ئۆزى تەتقىق قىلىپ ياساش - تېخنىكا يارىتىش ۋە ئۆزى ئىشلەپچىقىرىش - سېتىش بىلەن شۇغۇللانغىنى 32، تەييار تېخنىكىنى كىرگۈزۈش ۋە ئۆزى ئىشلەپچىقىرىش - سېتىش بىلەن شۇغۇللانغىنى 16، كارخانىلارنىڭ تېخنىكا يارىتىش تورىنى ئۈستىگە ئالغىنى 20، كارخانىلار بىلەن بىرلىكتە تەتقىق قىلىپ ياساش - تېخنىكا يارىتىش بىلەن شۇغۇللانغىنى 20، كارخانىلارغا تېخنىكا نەتىجىسىنى ھەقلىق ئۆتۈنۈپ بەرگىنى 22، كارخانىلار بىلەن مۇقىم تەشكىلىي ئالاقە ئورناتقىنى 17. بۇ ئاپپاراتلار قۇرغان ئىقتىسادىي گەۋدە 79، كەسپكارى 1505، يىللىق ئومۇمىي كىرىمى 120 مىليون 509 مىڭ يۈەن، پايدىسى 6 مىليون 542 مىڭ يۈەن.

2) ئىجتىمائىي پەن ۋە گۇمانىتار پەن ساھەسىدىكى تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئاپپاراتلىرى. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىجتىمائىي پەن ۋە گۇمانىتار پەن ساھەسىدىكى تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئاپپاراتى 5كە، كەسپكار 338گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە پەن - تېخنىكا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىم 276.

ئۇلارنىڭ يىللىق ئومۇمىي خىراجەت كىرىمى 8 مىليون 355 مىڭ يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت ئاجرىتىپ بەرگەن پۇل 7 مىليون 669 مىڭ يۈەن. خىراجەت چىقىمى 8 مىليون 420 مىڭ يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە خادىملارنىڭ خىراجىتى 5 مىليون 345 مىڭ يۈەن، پەن تەتقىقات كەسپىي خىراجىتى 1 مىليون 134 مىڭ يۈەن.

مۇشۇ يىلدا 35 تېما تەتقىق قىلىندى، بۇنىڭغا 128 كىشى قاتناشتى، 571 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىندى. سەرپ قىلىنغان خىراجەت ئىچىدە ئاساسىي تەتقىقات خىراجىتى %1. 78نى، ئەمەلىي تەتقىقات خىراجىتى %9. 15نى، باشقا خىراجەت %6نى ئىگىلىدى.

مۇشۇ يىلدا 414 ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىندى، 16 خىل پەن - تېخنىكا ئەسىرى نەشر قىلىندى.

3) پەن - تېخنىكا ئاخباراتى ئاپپاراتلىرى. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە پەن - تېخنىكا ئاخبارات ئاپپاراتى 8 گە، كەسپكار 278 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە پەن - تېخنىكا ئاخباراتىغا دائىر ھۆججەت - ماتېرىيال پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىم 246، ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىم 9.

بۇلارنىڭ يىللىق خىراجەت كىرىمى 9 مىليون 281 مىڭ يۈەن بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت ئاجرىتىپ بەرگەن پۇل 5 مىليون 607 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 18.94% ئاشتى، يىللىق خىراجەت چىقىمى 9 مىليون 517 مىڭ يۈەن بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە خادىملارنىڭ خىراجىتى 3 مىليون 925 مىڭ يۈەن. پەن تەتقىقات كەسپىي خىراجىتى 2 مىليون 99 مىڭ يۈەن.

مۇشۇ يىلدا 15 تېما تەتقىق قىلىندى، بۇنىڭغا 44 كىشى قاتناشتى. 662 مىڭ يۈەن خىراجەت سەرپ قىلىندى. تېخنىكا توختامى ئىمزالاشتىن كىرگەن ئەمەلىي كىرىم 140 مىڭ يۈەنگە يەتتى. پەن - تېخنىكىغا دائىر 63 ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىندى، 2 تۈرلۈك پەن - تېخنىكا نەتىجىسى مۇكاپاتلاندى.

بۇ ئاپپاراتلار ئىقتىسادىي گەۋدىدىن 5نى قۇردى، كەسپكارى 47 گە، يىللىق ئومۇمىي كىرىمى 1 مىليون 839 مىڭ يۈەنگە، ئومۇمىي پايدىسى 133 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

2. ناھىيە دەرىجىلىك ئارماقلارغا قاراشلىق تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئاپپاراتلىرى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ناھىيە دەرىجىلىك ئارماقلارغا قاراشلىق پەن تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئاپپاراتى 4، كەسپكارى 84، بۇنىڭ ئىچىدە پەن - تېخنىكا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىم 67.

بۇلارنىڭ يىللىق خىراجەت كىرىمى 3 مىليون 213 مىڭ يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت ئاجرىتىپ بەرگەن پۇل 1 مىليون 265 مىڭ يۈەن، تېخنىكا خاراكتېرلىك كىرىم 170 مىڭ يۈەن. خىراجەت چىقىمى 2 مىليون 856 مىڭ يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە خادىملارنىڭ خىراجىتى 1 مىليون 110 مىڭ يۈەن، پەن تەتقىقات كەسپىي خىراجىتى 243 مىڭ يۈەن.

مۇشۇ يىلدا 19 تەتقىقات تېمىسى تەسىس قىلىندى. بۇنىڭغا 35 كىشى قاتناشتى، 281 مىڭ يۈەن خىراجەت سەرپ قىلىندى (بۇنىڭ ئىچىدە پەن - تېخنىكا مۇلازىمىتى پائالىيىتىگە سەرپ قىلىنغان خىراجەت نىسبىتى ئەڭ كۆپ بولۇپ، 51.95%نى ئىگىلىدى).

لىيۇ چيەن

**تەبىئىي پەن كەسپىي خىراجەت خام چوتىنىڭ ئىجراسى ھەم پەن - تېخنىكا سېلىنمىسى ۋە تەتقىقات يۈرتى، تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ ئىسلاھات ئەھۋالى**

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون مالىيىسىدىن 58 مىليون 615 مىڭ يۈەنلىك تەبىئىي پەن كەسپىي خىراجەت خام چوت چىقىم كۆرسەتكۈچى، پېنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىققان خادىملارنىڭ خىراجىتى ئۈچۈن 23 مىليون 230 مىڭ يۈەن خام چوت چىقىمى كۆرسەتكۈچى چۈشۈرۈلدى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق ھەر قايسى پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرى يېڭى بوغالتىرلىق تۈزۈمىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، شۇ يىلدىكى بارلىق كىرىملەرنى جۈملىدىن مالىيە قوشۇمچە ياردەم كىرىمى ۋە تۈرلۈك غەيرى مالىيە كىرىم بىلەن تۈرلۈك چىقىملارنى بىر تۇتاش ھېسابات قىلىپ، بىر تۇتاش نەق چوتقا كىرگۈزۈپ، كۆپ كىرىم بىلەن كۆپ چىقىمنى ھېسابات قىلىپ باشقۇرۇش تەلىپىنى گەۋدىلەندۈردى، ئورۇنلارنىڭ چىقىم ئەھۋالى ۋە ئىقتىسادىي پائالىيىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈردى.

1999 - يىلى ھەر قايسى پەن تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ ئەمەلىي چىقىمى 183 مىليون 720 مىڭ يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي چىقىم 161 مىليون 940 مىڭ يۈەن، مەخسۇس چىقىم 10 مىليون 700 مىڭ يۈەن، باشقا بىر نەچچە تۈرلۈك چىقىم 11 مىليون 80 مىڭ يۈەن. كەسپىي چىقىم ئىچىدە خام چوت سىرتىدىكى مەبلەغ چىقىمى 4 مىليون 10 مىڭ يۈەن. يىللىق كىرىم 231 مىليون 245 مىڭ يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە مالىيىدىن بېرىلگەن قوشۇمچە ياردەم كىرىمى 81 مىليون 845 مىڭ يۈەن. كەسپىي كىرىم 69 مىليون 810 مىڭ يۈەن، يۇقىرىدىن بېرىلگەن قوشۇمچە ياردەم كىرىمى 69 مىليون 810 مىڭ يۈەن، قاراشلىق ئورۇنلار تاپشۇرغان پۇل 1 مىليون 990 مىڭ يۈەن، تىجارەت كىرىمى 4 مىليون 740 مىڭ يۈەن، ئاجرىتىپ بېرىلگەن مەخسۇس پۇل 1 مىليون 710 مىڭ يۈەن، باشقا كىرىم 1 مىليون 340 مىڭ يۈەن. كەسپىي كىرىم ئىچىدە خام چوت سىرتىدىكى مەبلەغ كىرىمى 5 مىليون 620 مىڭ يۈەن. مۇشۇ بىر يىلدا تەقسىم قىلىشقا بولىدىغان كەسپىي قالدۇق 2 مىليون 50 مىڭ يۈەن، كېمەيتىلگەن ۋە كەچۈرۈم قىلىنغان ھەرخىل باج 270 مىڭ يۈەن.

ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنىڭ ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى، شىنجاڭ ماشىنىسازلىق تەتقىقات يۈرتى قاتارلىق 6 تەتقىقات يۈرتى، تەتقىقات ئورنىنى ئاللاپ

چىقىپ، 2 يىللىق مۇددەت بىلەن ئىسلاھاتنى نۇقتىدا سىناق قىلدى، ئىسلاھاتنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىگە ماسلىشىش ۋە ئۇنى قوللاش ئۈچۈن، 1999 - يىلنىڭ بېشىدىلا خام چوت ئورۇنلاشتۇرغاندا، چەكلىك خىراجەتنى قىسىپ، ئىسلاھات سىناق نۇقتىسى قىلىنغان تەتقىقات يۇرتى، تەتقىقات ئورۇنلىرىغا قىسمەن ياردەم بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، كېمەيتىلگەن ئىلىم - پەن خىراجىتىدىن ۋە ش ئۇ ئا ر سېتىۋېلىش كۈچىنى تىزگىنلەش ئىشخانىسى ئورۇنلاشتۇرغان ئۈسكۈنە خىراجىتىدىن پايدىلىنىپ، قىسمەن تەتقىقات يۇرتى، تەتقىقات ئورۇنلىرىغا مەخسۇس ئۈسكۈنە خىراجىتى ئورۇنلاشتۇردى. ئاساسەن نۇقتىلىق تەتقىقات يۇرتى، تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ پەن تەتقىقات ۋاسىتىلىرى، تەجرىبىخانىلارنى قوراللاندۇرۇش سەۋىيىسى ھەمدە ئارىلىقتىكى سىناق بازا قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى. 1999 - يىلى 2 مىليون 740 مىڭ يۈەن ئەسۋاب - ئۈسكۈنە خىراجىتى ئورۇنلاشتۇردى. تېخنىكا يارىتىش تېپىدىكى پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرى ئىلىم - پەن كەسپىي خىراجىتى كېمەيتىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان چېتىلما تۈرلەردە ياخشىلىرىنى تاللاپ نۇقتىلىق ياردەم بېرىش پرىنسىپىنى داۋاملىق قوللىنىپ، چېتىلما تۈرلەردىن جەمئىي 22نى ئورۇنلاشتۇردى، بۇنىڭ ئۈچۈن 3 مىليون 5000 يۈەن خىراجەت ئورۇنلاشتۇردى ھەمدە تۈرلەرنى يولغا قويۇشتا داۋاملىق ئىز قوغلاپ باشقۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى پەن تەتقىقات، كەسپىيات، كېڭەيتىشكە دائىر تېمىدىن 425نى ئىشلىدى، خىراجەت مەنبەسى جەمئىي 27 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى تاماملانغان پەن تەتقىقات تۈرلىرى ئىچىدە باھالاشتىن ئۆتۈپ مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇپ قوللىنىلغان پەن - تېخنىكا نەتىجىسى 17، يىللىق ياراتقان ئىقتىسادىي ئۈنۈمى 16 مىليون 930 مىڭ يۈەن.

جارقىن

## تاشقى پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقى

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى 61 تۈركۈم ئۆمەك - گۇرۇپپىنىڭ ماتېرىيالىنى تەكشۈرۈپ يۇقىرىغا يوللىدى، بۇنىڭدىن 60 تۈركۈم ئۆمەك - گۇرۇپپىنىڭ ماتېرىيالى تەستىقلاندى، 57 تۈركۈمدە 186 ئادەم (قېتىم) نىڭ رەسمىيىتىنى بېجىردى. بۇنىڭ ئىچىدە 42 تۈركۈمدە 136 ئادەم (قېتىم) قاتناشقان ئۆمەك - گۇرۇپپىنى كۈتۈۋالدى، 15 تۈركۈمدە 50 ئادەم (قېتىم) قاتناشقان ئۆمەك - گۇرۇپپا چەت ئەلگە زىيارەتكە چىقتى.

ياپونىيە خەلقئارا ھەمكارلىق كەسپىي ئۆمىكى (JICA) نىڭ ياردەم بېرىشى بىلەن خىروسىما سۇ مەھسۇلاتلىرى ئۇنىۋېرسىتېتى ئوتلاقچىلىق ئىلمى پروفېسسورى گاڭ بىن مىڭجى ۋە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى مۇتەخەسسىسى، دوتسېنت سۇڭ تيەنچىڭنىڭ 3 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە شىنجاڭغا كېلىپ، ئوتلاقلاردىن پايدىلىنىش، يەم - خەشەك بايلىقىنى ئېچىش ۋە ساقلاش، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى تېخنىكىسى قاتارلىق تەرەپلەردە تەكشۈرۈش ۋە تېخنىكا ئالماشتۇرۇش ئېلىپ باردى.

ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى خو كېلىن باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكى 3 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 4 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە فىنلاندىيە چياۋپەي قۇياش ئېنېرگىيىسى شىركىتىدە زىيارەتتە بولدى ھەمدە تەربىيىلەندى. فىنلاندىيىدىكى ئەڭ چوڭ يېڭى ئېنېرگىيە تەكشۈرۈش - ئۆلچەش مەركىزى، قۇياش ئېنېرگىيىسى چوڭ ئېلېكتر ئىستانسىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. ئىككى تەرەپ 1999 - يىلى فىنلاندىيە چياۋپەي قۇياش ئېنېرگىيىسى شىركىتىنىڭ جۇڭگوغا 150 يۈرۈش 50 ۋاتلىق فوتو ئېلېكتر مەنبەسىنى ھەقسىز ئىئانە قىلىش توختامى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ باردى، يىل ئاخىرىغىچە 19 يۈرۈش ئەسۋاب شىنجاڭدا قۇراشتۇرۇلدى. ياۋروپا ئېنېرگىيە شىركىتى بىلەن نورپاندىكى مىڭ ئۆيدە قۇياش ئېنېرگىيىسى كىچىك ئېلېكتر ئىستانسىسى ۋە ئائىلىلەردە ئىشلىتىلىدىغان 10 يۈرۈش سىستېما قۇرۇش توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلدى.

ئۆزبېكىستانلىق 2 نەپەر قىزىل كۆز ھەرە مۇتەخەسسىسى 3 - ئايدا تەكلىپكە بىنائەن شىنجاڭغا زىيارەتكە كەلدى. ئۇلار ئاپتونوم رايوندىكى پاختىچىلىق مۇتەخەسسىسلىرى بىلەن كېۋەزدە بولىدىغان كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىشقا دائىر مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ باردى.

ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى جاڭ يۈجى باشچىلىقىدىكى پەن - تېخنىكا ۋەكىللەر ئۆمىكى 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە برازىلىيە ۋە ئىتالىيىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، بۇ ئۆمەك ئاساسلىقى برازىلىيىنىڭ چېگىت بايلىقىنى توپلاش، ساقلاش ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىپ پايدىلىنىش خىزمىتى، كېۋەز ئۇرۇقى يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسى، رەڭلىك كېۋەزنى تەتقىق قىلىش - پايدىلىنىش، كېۋەزنىڭ سولۇشۇپ قۇرۇش كېسىلى ۋە كېۋەز غوزا قۇرتى قاتارلىق كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تېخنىكىسى ۋە ئۇسۇللىرىنى تەكشۈردى. ئىتالىيىدە ئۈزۈم ھارىقى ئىشلەپچىقىرىدىغان 4 كارخانا ۋە 2 كۆن - خۇرۇم كارخانىسىنى تەكشۈردى.

ئاپتونوم رايونىنىڭ قازاقىستان بىلەن بولغان پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقى ۋە تېخنىكا ئالماشتۇرۇش خىزمىتىنى

كۆچەيتىش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش، ئىككى تەرەپ ھەمكارلىشىدىغان كونكرېت ساھەلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن قازاقىستان چەت ئەللەر بىلەن ئىلىم - پەن ئالاقىسى باغلاش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ھەمدە قازاقىستان چىمكەنت ئوبلاستلىق قاراكۆل قويچىلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ پەن تەتقىقاتقا مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىقى باشچىلىقىدىكى 2 كىشى تەكلىپكە بىنائەن، 1999 - يىل 5 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 8 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايوندا بىر ھەپتىلىك زىيارەتتە بولدى. ئۇلار شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىنى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق تۇرپان قۇم تىزگىنلەش پونكىتى ۋە ساۋەن ئۆسۈملۈك باغچىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى ھەمدە يۇقىرىقى ئورۇنلاردىكى ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەر بىلەن قۇرغاق ۋە يېرىم قۇرغاق رايونلاردا قۇم تىزگىنلەش، قۇم تىزگىنلەشكە دائىر تەييار تېخنىكا، قۇملۇق ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ ئەلا سورتلىرى ھەمدە خۇياڭ قويى ۋە قارشى تەرەپنىڭ سۇرىياڭ قويلىرىنى ئالماشتۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ باردى.

ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جاڭ جىچىن باشچىلىقىدىكى شىنجاڭ پەن - تېخنىكا ۋەكىللەر ئۆمىكى 5 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 11 - كۈنىگىچە قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، تۈركمەنىستاندا زىيارەتتە بولدى. زىيارەت ئارقىلىق 3 دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى بىلەن بولغان پەن - تېخنىكا ھەمكارلىق يولى ئېچىلىپ، بۇنىڭدىن كېيىن ئىككى تەرەپنىڭ پەن - تېخنىكا جەھەتتىن ھەمكارلىشىشى ۋە تېخنىكا ئالماشتۇرۇشى ئۈچۈن ئاساس سېلىندى.

6. ئايدا ئۆزبېكىستان دۆلەت پەن - تېخنىكا كومىتېتى پەن - تېخنىكا تەرەققىيات - مۆلچەرلەش ۋە پەن - تېخنىكا تەشكىلاتى ماسلاشتۇرۇش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى كۈتۈۋېلىندى، ئىككى تەرەپ بۇنىڭدىن كېيىنكى پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقىنىڭ يۆنىلىشى ھەمدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر ئالماشتۇردى .

ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لى ۋېنسىن باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش ئۆمىكى 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 31 - كۈنىگىچە مىسىردا 2 ھەپتە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئۇلار ئاساسلىقى مىسىر يېزا - ئىگىلىك تەتقىقات مەركىزى، قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتى، يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى ۋە پاختىچىلىق كېسىم ئاپپاراتى قاتارلىق تارماقلارنى تەكشۈردى ھەمدە مىسىرنىڭ پاختىچىلىق پەن تەتقىقات تەجرىبە ئېتىزى، ئەلا سورتلارنى كۆپەيتىپ يېتىشتۈرۈش ئېتىزى، ئىشلەپچىقىرىش ئېتىزى ھەمدە ھەرخىل ئانالىز تەجرىبىخانىلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدىكى پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكى خەلقئارا ھەمكارلىق مەھكىمىسىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا كومىتېتى، شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى بىرلىشىپ، 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنىگىچە «خەلقئارا كالىلارنى كۆپەيتىپ نەسلىنى ياخشىلاش ئەمەلىي تېخنىكىسى بويىچە 2 - نۆۋەتلىك تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى. تەربىيىلەش ئارقىلىق ئاپتونوم رايوننىڭ چارۋىچىلىق ساھەسىدىكى پەن تەتقىقات ئەمەلىي يېڭى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىپ، چارۋىچىلىق پەن - تېخنىكا ساھەسىدىكى خەلقئارا ھەمكارلىق ۋە تېخنىكا ئالماشتۇرۇش ئىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

ئىسرائىلىيە يېزا ئىگىلىكىدە سۇ تېجەپ سۇغىرىش مۇتەخەسسىسى خانەن ئىمزا كۆۋچ بىلەن دوب لۇبىبۇ ئەپەندى شىنجاڭغا كېلىپ 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە ئاقسۇ، كورلىدا لېكسىيە سۆزلىدى. لېكسىيىگە 160 ئوقۇغۇچى قاتناشتى.

ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جەي يۇرۇڭ باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكى ئىسرائىلىيىگە بېرىپ 11 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە يېزا ئىگىلىكىدە ئىلغار سۇ تېجەش تېخنىكىسىنى تەكشۈردى ۋە ئۆگەندى. ئىسرائىلىيىنىڭ سۇ تېجەپ سۇغىرىش بويىچە ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش ھەمدە ئۇنى دېھقانچىلىقتا قوللىنىش قاتارلىق تەرەپلەردىكى ئەھۋاللىرىنى سىستېمىلىق ئىگىلىدى.

ۋاڭ يىلى

## پەن - تېخنىكا ئاخبارات خىزمىتى

1999 - يىلى پەن - تېخنىكا ئاخبارات خىزمىتىدە شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ساپا قۇرۇلۇشىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، يېزىلاردا ئەمەلىي قوللىنىدىغان تېخنىكىلارغا دائىر 106 مەخسۇس فىلىم ئىشلەندى ۋە تەھرىرلەپ چىقىلدى، توپلاپ رەتلەش ئارقىلىق ئەمەلىي قوللىنىدىغان تېخنىكىلارغا دائىر 137 مەخسۇس سىنئالغۇ فىلىمى تەھرىرلىنىش ئالدىدا تۇرىدۇ، 20 مەخسۇس سىنئالغۇ فىلىمىنىڭ چۈشەندۈرمىسى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىندى. ئاپتونوم رايوندىكى 30 نامرات ناھىيىگە يۈزلەندۈرۈلگەن ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە 2 خىل يېزىقتىكى «نامراتلارنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يۆلەش مەخسۇس سان» ژۇرنىلىدىن 12 سان چىقىرىلدى. نامرات ناھىيە، يېزا،

بازارلارغا ئاز كەم 10 مىڭ نۇسخا گېزىت - ژۇرنال ھەقسىز ھەدىيە قىلىنىپ، پوچتا ئارقىلىق يەتكۈزۈپ بېرىلدى. پەن - تېخنىكا تورلىرىنى تۇرغۇزۇش، نەتىجىلەرنى باھالاش ۋە يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئىشلىتىش قىلىش يۈزىسىدىن 312 خىل يېڭى تېما سۈرۈشتۈرۈلدى ۋە تەكشۈرۈلدى. ئانالىز قىلىپ سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق يېڭىلىقلارنى سۈرۈشتۈرۈش دوكلاتىدىن 140 نۇسخا يېزىلدى. «ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى» ژۇرنىلى ئايلىق ژۇرنالغا ئۆزگەرتىلىپ، خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە 12 ساندىن تارقىتىلدى؛ ئۇيغۇرچە «ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى» ژۇرنىلى ئاپتونوم رايوننىڭ 3 - نۆۋەتلىك ۋە 4 - نۆۋەتلىك پەن - تېخنىكا ژۇرناللىرىنى باھالاپ سېلىشتۇرۇشتا 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى ھەمدە ئاپتونوم رايوننىڭ نادىر قەرەللىك ژۇرنىلى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. خەنزۇچە «ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى» ژۇرنىلى ئاپتونوم رايوننىڭ 3 - نۆۋەتلىك ۋە 4 - نۆۋەتلىك پەن -تېخنىكا ژۇرناللىرىنى باھالاپ سېلىشتۇرۇشتا 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. «شىنجاڭنىڭ پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرى ئامبىرى» نىڭ 1 - باسقۇچلۇق قۇراشتۇرۇش، تەڭشەپ سىناق قىلىش خىزمىتى تاماملاندى. ئۇنىڭغا 1989 - يىلدىن 1997 - يىلغىچە بولغان 2180 خىل پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرى كىرگۈزۈلدى ھەمدە ئىشلەتكۈچىلەر قوللانمىسى تاپشۇرۇلدى؛ ئىنتېرنېت تورىدىن پايدىلىنىپ دۆلەتنىڭ پەن - تېخنىكا سىياسەتلىرى، پەن - تېخنىكا تورلىرى، يېڭى پەن - تېخنىكا خەۋەرلىرى، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش قاتارلىق مەزمۇنلار توپلاندى، «ئىنتېرنېت تورى تېز خەۋەرلىرى» دىن 20 سان چىقىرىلدى. ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭىشەھەر رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تور قىلىپ بېكىتكەن «بېيجىڭ يولى پەن - تېخنىكا كوچىسى قۇرۇشنىڭ شارائىتى ۋە تەدبىرلىرى ئۈستىدە تەتقىقات» ۋە «گۈللەنسۇاتقان ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقان، 21 - ئەسىرگە يۈزلەنگەن يېڭىشەھەر رايونىنىڭ يېڭىلىق يارىتىش قۇرۇلۇشى» تېمىسى تاماملاندى. شىنجاڭ «ۋەنفاڭ» سانلىق مەلۇمات مۇلازىمەت مەركىزى قۇرۇلدى، «ۋەنفاڭ» سانلىق مەلۇمات ئامبىرى بايلىق سىستېمىسى (Chinainfo) ئارقىلىق «ۋەنفاڭ» سانلىق مەلۇمات گۇرۇھى شىركىتىنىڭ بارلىق ئۇچۇر بايلىقى ۋە مۇلازىمەت ئۇچۇرلىرى قوبۇل قىلىنىپ، جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى ساھەلەرگە ئۇچۇر جەھەتتىن مۇلازىمەت قىلىنىدى.

فۇ جيايى

## ئۇچۇرلاشتۇرۇش خىزمىتى

1. پۈتۈن كۈچ مەركەزلەشتۈرۈلۈپ ئاپتونوم رايوننىڭ كومپيۇتېر 2000 - يىلى مەسىلىسى ھەل قىلىندى. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر قايسى تارماقلار، ھەر قايسى كارخانىلار، مەركەزگە قاراشلىق ئورۇنلار بولۇپمۇ 18 نۇقتىلىق كەسىپي تارماق كومپيۇتېر 2000 - يىلى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى، تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش بويىچە 200 قېتىمدىن كۆپرەك ھەرخىل كۇرس ئېچىپ، تېخنىكا تايانچلىرىدىن 4000 دىن كۆپرەك كىشىنى تەربىيىلىدى، 50 مىڭدىن كۆپرەك ھەرخىل كومپيۇتېر، 3000 دىن كۆپرەك يۇمشاق دېتال، 5000 دىن كۆپرەك يۈرۈشلەشكەن مەشغۇلات تىزگىنلەش ئۈسكۈنىسى، 1000 دىن كۆپرەك گىرەلەشمە ئۈسكۈنە ۋە 400 دانە يۈرۈشلەشكەن ئالاقە ئۈسكۈنىسىنىڭ Y2K مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلدى، جەمئىي 280 مىليون يۈەن سەرپ قىلدى. كومپيۇتېر 2000 - يىل مەسىلىسىگە دۇچ كەلگەن 18 نۇقتىلىق ساھە ۋە تارماق 2 خىل يۇقىرى خەۋپ - خەتەر سەزگۈرلۈك باسقۇچىدىن بىمالال ئۆتۈپ كەتتى، 2000 - يىلى مەسىلىسى كۆرۈلمىدى، كومپيۇتېر 2000 - يىلى مەسىلىسى جەمئىيەتكە ۋە شەھەر ئاھالىسىنىڭ تۇرمۇشىغا ئېغىر تەسىر ۋە زىيان يەتكۈزمىدى.

2. ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى نەتىجىلىرى ۋە ئۇچۇر تېخنىكىسى، ئۇچۇر مەھسۇلاتلىرى كۆرگەزمىسى ئېچىلدى. ش ئۇ ئا ر ئۇچۇرلاشتۇرۇش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئاساسلىق باشقۇرغان، ش ئۇ ئا ر ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئىشخانىسى ئۈستىگە ئالغان شىنجاڭنىڭ ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى نەتىجىلىرى كۆرگەزمىسى ۋە 99' جۇڭگو — ئۈرۈمچى (خەلقئارا) كومپيۇتېر تېخنىكىسى ۋە يۇمشاق - قاتتىق دېتال مەھسۇلاتلىرى كۆرگەزمىسى 1999 - يىل 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىن 151 ئورۇن كۆرگەزمىگە قاتناشتى، 252 كۆرگەزمە ئورنى تەسىس قىلىندى، كۆرگەزمىنى 70 مىڭ ئادەم (قېتىم) ئېكسكۇرسىيە قىلدى، پۈتۈشۈش سوممىسى 10 مىليون يۈەندىن ئاشتى. كۆرگەزمە بىلەن بىرلا ۋاقىتتا يەنە 13 قېتىم تېخنىكا بويىچە لېكسىيە سۆزلەش، مۇتەخەسسىسلەرنى سۆھبەتكە ئۇيۇشتۇرۇش، خېرىدار چاقىرىش - مەبلەغ كىرگۈزۈشكە ئوخشاش پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قېيۇم باھاۋۇدۇن، ئۇچۇرچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى چۇ ۋېيچۇ ھەمدە ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى، سىياسىي كېڭەش، بىڭتۇەننىڭ رەھبەرلىرى، ھەر قايسى نازارەت، ئىدارىلەرنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى كۆرگەزمىگە قاتناشتى. جۇڭگونىڭ ئاتاقلىق كومپيۇتېر مۇتەخەسسىسى، ئىككى ئاكادېمىيەنىڭ ئاكادېمىكى پروفېسسور ۋاڭ شۈەن شىنجاڭغا كېلىپ شىنجاڭنىڭ ئۇچۇرلاشتۇرۇش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى

ھەمدە ئاپتونوم رايوندىكى پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ رەھبەرلىرىگە مەخسۇس دوكلات بەردى، شىنجاڭنىڭ ئۇچۇر كەسپىي ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەر بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە 27 ئىلغار ئورۇن، 13 مۇنەۋۋەر مۇلازىمەت كارخانىسى ۋە 40 مۇنەۋۋەر تور تەقدىرلەندى.

3. ئۇچۇر تېخنىكىسى قوللىنىلىپ ئەنئەنىۋى كەسىپلەر ئۆزگەرتىلدى. 1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى قەرز پۇل بېرىلىدىغان ئېلېكتىرونلۇق ئۇچۇرلارنى قوللىنىش تورىدىن 27نى تەشكىللەپ تورلەر قاتارىغا كىرگۈزدى. ئۇنىڭغا 107 مىليارد 600 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى. 52 مىليون 120 مىڭ يۈەن قەرز پۇلنى ئەمەلىيلەشتۈردى.

4. ئۇچۇرلاشتۇرۇش بويىچە ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتى. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ۋىلايەت، تارماقلاردىن 90 مىڭ كىشى كومپيۇتېرنى قوللىنىش تېخنىكىسى بويىچە ئىجتىمائىيلاشقان تەربىيىلەشكە ۋە سىناشقا قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت خادىمى 16 مىڭ، جەمئىي ئاز كەم 450 مىڭ كىشى تەربىيىلەندى. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست (شەھەر) لەر ۋە ھەر قايسى تارماقلار كومپيۇتېر تېخنىكىسى بويىچە تەربىيىلەش تورى ۋە باشقۇرۇش سىستېمىسىنى قۇردى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى. جەمئىي 100 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىپ، تەربىيىلەشكە ئىشلىتىش ئۈچۈن 10 مىڭدىن كۆپرەك كومپيۇتېر سېتىۋالدى، كومپيۇتېر تېخنىكىسى بويىچە 300 دىن كۆپرەك ئىجتىمائىيلاشقان تەربىيىلەش نۇقتىسى قۇردى. ش ئۇ ئا ر كومپيۇتېر بويىچە ئىجتىمائىيلاشقان تەربىيىلەش بىرلەشمە ئىشخانىسى شىنجاڭ بويىچە 11 قېتىم بىر تۇتاش ئىمتىھان ئورۇنلاشتۇردى، مۇتەخەسسىسلەرنى شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە ماس كېلىدىغان ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە تۆۋەن دەرىجىلىك دەرسلىك تۈزۈشكە ئۇيۇشتۇردى. مۇشۇ يىلدا جەمئىي 9000 كىشى ئوتتۇرا دەرىجىلىك تەربىيىلەشكە ۋە ئىمتىھانغا قاتناشتى.

5. ماكرولۇق باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. 1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئۇچۇرلاشتۇرۇش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى «ئاپتونوم رايوننىڭ ئۇچۇر قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى»، «IC كارتوچكىسىنىڭ ئىشلىتىلىشىنى باشقۇرۇش چارىسى»، «كومپيۇتېر ئۇچۇر تورلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى باشقۇرۇش»، «ئىنتېرنېت تورىدىكى دائىرە ناملىرىنى باشقۇرۇش» قاتارلىقلارنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى نۇقتىلىق چىڭ تۇتتى ھەمدە تورلارغا دائىر قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنى پىلانلىدى. ئاپتونوم رايوننىڭ ئىچكى - سىرتىدىكى ئۇچۇر قۇرۇلۇشىنى لايىھىلەش - قۇرۇلۇش قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 96 ئورۇن ئۇچۇر قۇرۇلۇشى سالاھىيىتىگە گۇۋاھلىق بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى، قاتتىق تەكشۈرۈش ئارقىلىق لايىھىلەش - قۇرۇلۇش قىلىش سالاھىيىتىگە ئىگە 42 ئورۇن باھالاپ بېكىتىلدى. 55 ئورۇننىڭ ئىنتېرنېت تورىدىكى دائىرە نامىنى رويخەتكە ئالدۇرۇشى تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى.

جاڭ دېشىن

## «غەربىي شىمالدىكى 5 ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) نىڭ پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى» نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر «غەربىي شىمالدىكى 5 ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) نىڭ پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى» خىزمىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىغا ئاساسەن، 1998 - يىلدىن باشلاپ، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى پەننىي تەربىيە پروگراممىلىرىنى ئىشلەش مەركىزى بىلەن بېيجىڭ پەننىي تەربىيە فىلىملىرى - ئۈن - سىن نەشرىياتى بىرلىشىپ ئىشلىگەن پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقاتىغا دائىر سىنئالغۇ فىلىملىرىنى شىنجاڭدىكى 85 شەھەر، ناھىيىگە ھەدىيە قىلىش پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇردى. ئۇلارنىڭ مەزمۇنى دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ئىلمىي ئىشلىتىش، سورتلۇق ئۇرۇقلارنى كۆمىلاچلاش، تولۇق ئوزۇقلۇق ماددىلىق ئوغۇت، سۇنى تېجەپ سۇغىرىش، شاخ - شۇمبىلارنى گازلاشتۇرۇش، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق ئىنەكنى بېقىش ۋە ئۇنىڭ كېسەللىكلىرىدىن مۇداپىئە كۆرۈش، قومۇلۇقلارنى پىشىللىقتا پۈركەش، سالامەتلىكنى ئاسراش ۋە سۈپەتلىك تۇغۇش، تۇمۇر ۋە بالىلارنىڭ سالامەتلىكى، دائىم كۆرۈلىدىغان كۆز كېسەللىكلىرى، پىرىخونلارنىڭ نېرۋىۋازلىقى، يېزا مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 1998 — 1999 - يىللىرى پەننى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر خەنزۇچە سىنئالغۇ فىلىمىدىن 1065 قاپ تەقدىم قىلدى. ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى ش ئۇ ئا ر شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىشخانىسى ۋە شىنجاڭ پەن - تېخنىكا ئاخبارات تەتقىقات ئورنى بىلەن بىرلىكتە پەن - تېخنىكىغا دائىر كىنو - تېلېۋىزىيە ماتېرىياللىرىنى تۈرگە ئايرىپ رەتلەپ، ئۇلارنىڭ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتىگە ماس كېلىدىغانلىرىنى ئۇيغۇرچە، قازاقچىگە تەرجىمە قىلىپ، ناھىيە، شەھەرلەرگە تارقىتىپ بەردى. ئاپتونوم رايوننىڭ مەدەنىيەتنى، پەن - تېخنىكىنى، سەھىيەنى يېزىلارغا

يۈزلەندۈرۈش پائالىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، كەلگ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى، تۇرمۇشىدىكى قىسمەن ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى.

لى تيېجۇن

## بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش خىزمىتى

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر پاتېنت ئىدارىسى ئاخبارات ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ، پاتېنت تەشۋىقات پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، «شىنجاڭ پاتېنت خىزمىتى»دىن 3 سان تۈزۈپ تارقاتتى. «جۇڭگو پاتېنت گېزىتى» دە 8 پارچە ماقالە ئېلان قىلدۇردى، 3 خىل، 5000 نۇسخىدىن كۆپرەك تەشۋىقات ماتېرىيالىنى تۈزۈپ باستۇردى. 9- ئايدا 500 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىنغان جۇڭگو پاتېنت ئۇچۇرلىرى كومپيۇتېر تورى — شىنجاڭ تور پونكىتىنى قۇرۇپ چىقتى. تەشۋىقات پائالىيىتى ۋە ساختا پاتېنتقا زەربە بېرىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. پاتېنت ئىشلىرىدىن مەسلىھەت سوراش مەخسۇس لىنىيە تېلېفونىنى ئىشقا كىرىشتۈردى، مەسلىھەت سورىغانلاردىن 1000 ئادەم (قېتىم) دىن كۆپرەكنى كۈتۈۋالدى. ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى جەمئىيەتكە شىنجاڭ بويىچە تۇنجى تۈركۈمدىكى 30 داڭلىق تاۋار ماركىسىنى ئېلان قىلدى، مەملىكەت خاراكتېرلىك گېزىت ۋە شىنجاڭدىكى ھەر قايسى چوڭ ئاخبارات ۋاستىلىرىدا شىنجاڭنىڭ تۇنجى تۈركۈمدىكى داڭلىق تاۋار ماركىسىنى تەشۋىق قىلىش پائالىيىتىنى ئېلىپ باردى. ش ئۇ ئا ر نەشر ھوقۇقى ئىدارىسى ئىش ئورنى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئارقىلىق ئالاقىدار خادىملارغا ئاپتورلۇق ھوقۇقى قانۇنىنى تەشۋىق قىلدى ۋە چۈشەندۈردى، ۋاستە ئارقىلىق تېپىك دېلو ئۈرنەكلىرىنى ئاشكارىلاپ، دېلو ئارقىلىق قانۇننى چۈشەندۈردى.

ش ئۇ ئا ر پاتېنت ئىدارىسى 1999 - يىلى پاتېنت ماجىراسىغا دائىر 44 دېلونى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭدىن 16 دېلونى ئاياغلاشتۇردى، 2 دېلونى تەكشۈرۈشتىن توختىتىپ قويدى.

ساختا پاتېنتقا دائىر 3 دېلونى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭدىن بىر دېلونى ئاياغلاشتۇردى، داۋالاشقۇچىلار قېچىپ كەتكەنلىكتىن بىر دېلونى توختىتىپ قويدى، بىر دېلو بىر تەرەپ قىلىنىۋاتىدۇ، كەينىگە سۈرۈلگەن ۋە قېپقالغان 5 دېلو بىر تەرەپ قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 3 دېلو مۇرەسسە قىلىندى، 2 دېلو بىر تەرەپ قىلىندى. ساختا پاتېنت قىلمىشىغا دائىر دېلولارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش جەريانىدا، 4 دېلو تەكشۈرۈلدى، بىر دېلو ئاياغلاشتۇرۇلدى ۋە جازا بېرىلدى، بىر دېلو سوت مەھكىمىسىنىڭ مەجبۇرىي ئىجرا قىلىشىغا ئىلتىماس قىلىندى. ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ پاتېنت ماجىراسىغا دائىر 15 دېلونى بىر تەرەپ قىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىندى. تاموژنىغا ھەمكارلىشىپ، ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىنغان دەپ گۇمان قىلىنغان 3 تۈركۈمدىكى ئېكسپورت مەھسۇلاتلىرى توسۇپ قېلىنىپ، ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىنغانلىقى قانۇن بويىچە ئېنىقلاپ ھۆكۈم چىقىرىلىپ، پاتېنت ھوقۇقى ئىگىسىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتى قوغداپ قېلىندى. ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى تاۋار ماركىسى جەھەتتە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 247 نى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى. 285 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويدى. قانۇنغا خىلاپ تاۋار ماركىسىدىن 663 مىڭ نۇسخا يىغىۋالدى ۋە كۆيدۈرۈۋەتتى. 1998 - يىلىنىڭ شۇ مەزگىلدىكىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا تاۋار ماركىسى دېلوسى %51، جەرىمانە قويۇلغان پۇل سوممىسى %9.2 ئاشتى. شىنجاڭ سودا بىناسى، شياۋشىمىن توپ سېتىش بازىرى قاتارلىق جايلاردا سېتىلىۋاتقان ساختا «كوداك» ماركىلىق فوتو سۈرەت لېنتىسى، ئامېرىكىنىڭ ساختا «رۈيبو» ماركىلىق پاختىلىق كىيىمى ۋە ساياھەت ئايىغى، ساختا «جۇنتۇي» ماركىلىق بەتنىكە (ئۈتۈك) قاتارلىق دېپلوماتىيىگە ئالاقىدار تاۋار ماركىسىنى ئىشلىتىش ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىش دېلولىرى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. 1998 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن ئىلگىرى رويخەتكە ئېلىنغان 3154 تاۋار ماركىسى رويخەتكە ئېلىنىپ تەكشۈرۈلدى، تەكشۈرۈش نىسبىتى %90كە يەتتى؛ رويخەتكە ئېلىنمىغان 589 تاۋار ماركىسى تەكشۈرۈلۈپ تىزىمغا ئېلىنغاندىن كېيىن، مەشغۇلات ئورنى ھېساباتى تۈزەتتۈرۈلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە تاۋار ماركىسىنى باسقۇچى 138 ئورۇن تەكشۈرۈشكە قاتناشتى، 122 ئورۇن لاياقەتلىك بولدى، تاۋار ماركىسىنى بېسىشقا رۇخسەت قىلىنمىغان 401 ئورۇن تەكشۈرۈلدى، تەكشۈرۈش نىسبىتى %85كە يەتتى. ش ئۇ ئا ر نەشر ھوقۇقى ئىدارىسى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە «خوڭدا» ئېلېكتر سايمانلىرى مەيدانى، «خۇالىڭ» ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى بازىرى، بېيجىڭ يولى جۇڭغار بازىرىدا سېتىلىۋاتقان، نەشر ھوقۇقى ئوغرىلانغان 100 دىن كۆپرەك VCD پلاستىنكىسى، نەشر ھوقۇقى ئوغرىلانغان 300 دىن كۆپرەك كىتاب - ژۇرنالنى تەكشۈرۈپ يىغىۋالدى. ئۈرۈمچى شەھىرى ئىتتىپاق يولىدىكى نەشر ھوقۇقى ئوغرىلانغان ئۈنئالغۇ لېنتىسىنى كۆپەيتىپ ئىشلەش ئۇۋىسىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، نەشر ھوقۇقى ئوغرىلانغان ئۈنئالغۇ لېنتىسىدىن 400 قاپ، قۇرۇق ئۈنئالغۇ لېنتىسىدىن 400 قاپ، تېز سۈرئەتتە كۆچۈرۈش ماشىنىسىدىن بىرنى يىغىۋالدى. نەشر ھوقۇقى ئوغرىلانغان تېلېۋىزىيە تىياتىرى «مەلىكە خۇەنجۇ»نىڭ VCD پىلاستىنكىسىنى سېتىش

دېلوسىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى. ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ئۈن - سىن بازارلىرىنى 4 قېتىم تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ چىقتى، جەمئىي 2000 قاپتىن كۆپرەك نەشر هوقۇقى ئوغرىلانغان ئۈن - سىن بۇيۇملىرىنى تەكشۈرۈپ يىغىۋالدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك «شىنخۇا» كىتابخانىسىنىڭ نەشر هوقۇقى ئوغرىلانغان «خەنزۇ تىلىدىن ئاساس»نى سېتىش دېلوسىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا ئاپتورلۇق هوقۇقى ماجىراسىغا دائىر 12 دېلو، قېپقالغان 8 دېلو، جەمئىي 20 دېلو قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭدىن 9 دېلو ئاياغلاشتۇرۇلۇپ، داۋالاشقۇچىلارنىڭ 15 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى ئىقتىسادىي زىيىنى تۆلىتىۋېلىندى. چەت ئەللەرنىڭ كىتابلىرىنى نەشر قىلىش هوقۇقى بېرىش توختامى، چەت ئەللەرنىڭ ئۈن - سىن بۇيۇملىرىنى كۆپەيتىپ ئىشلەش هوقۇقى بېرىش توختامى بولۇپ جەمئىي 65 توختام تەكشۈرۈلدى. 16 پارچە ئەسەر ئۆز ئىختىيارى بىلەن تىزىمغا ئېلىندى، ئۇ، گۈزەل سەنئەت، يېزىق، ئېلان، تاۋار ماركىسى بەلگىسى، ئۆگىنىش ئۇسۇلى قاتارلىقلارغا چېتىلىدۇ. مەسلىھەت سورىغانلاردىن 50 ئادەم (قېتىم) دىن كۆپرەك كۈتۈۋېلىندى. گېزىت - ژۇرناللارغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان ماقالىلەرنىڭ قەلەم ھەققىنى تاپشۇرۇپ بېرىش خىزمىتى كۈچەيتىلدى، مەتبۇئات ئىدارىلىرىگە ئەۋەتىلگەن ۋە كۆچۈرۈپ بېسىلغان ماقالىلەرنىڭ قەلەم ھەققى تۈرى سانى 1998 - يىلدىكى 3 خىلدىن 7 خىلغا كۆپەيگەن.

ش ئۇ ئا ر پاتېنت ئىدارىسى شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، «پاتېنت قانۇنى»غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدا يازما پىكىر بەردى. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پاتېنت باشقۇرۇش نىزامى» (لايىھىسى) » (دەسلەپكى نۇسخىسى) نى پۈتتۈردى. ش ئۇ ئا ر نەشر هوقۇقى ئىدارىسى «نەشر قىلىنغان يازما ئەسەرلەرنىڭ قەلەم ھەققى توغرىسىدا بەلگىلىمە، (يولغا قويۇش چارىسى) »نى تۈزۈپ چىقتى، ئاپتونوم رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يېزىق تۈرى كۆپ بولۇشتەك ئەمەلىي ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇپ، بەلگىلىمىدىكى خەت سانىنى ھېسابلاش، بىر تىلنى باشقا يېزىقلارغا تەرجىمە قىلىش، ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنىڭ تىراژ ھەققىنى ھېسابلاش قاتارلىقلار ئۈستىدە قوشۇمچە بەلگىلىمە چىقاردى.

شىنجاڭ بىلىم مۈلۈك هوقۇقى تەتقىقات جەمئىيىتى، ش ئۇ ئا ر پاتېنت ئىدارىسى 1999 - يىل 3 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە، ئاپتونوم رايونلۇق كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ بىلىم مۈلۈك هوقۇقىنى قوغداش خىزمىتى تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى. 3 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئۈرۈمچى نېفىت - خىمىيە باش زاۋۇتىنىڭ بىلىم مۈلۈك هوقۇقىنى قوغداش خىزمىتى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى، شۇنىڭ بىلەن 2 يىل ئېلىپ بېرىلغان نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى ئاياغلاشتى. 1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر بىلىم مۈلۈك هوقۇقى خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى ئالاقىدار ئورۇن ۋە شەخسلەرنى بىلىم مۈلۈك هوقۇقىغا دائىر 21 تۈرلۈك قانۇن مەسلىھەتى بىلەن تەمىنلىدى. ش ئۇ ئا ر پاتېنت ئىدارىسى ئاپتونوم رايون بويىچە 2 - نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر كەشپىيات - ئىجادىيەت ياراتقۇچىلارنى، پاتېنتلىق تېخنىكا ياراتقۇچىلارنى باھالاش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇردى، مۇنەۋۋەر كەشپىيات - ئىجادىيەت ياراتقۇچىلاردىن 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا 2 كىشىنى، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا 5 كىشىنى، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا 11 كىشىنى، مۇنەۋۋەر پاتېنتلىق تېخنىكا ياراتقۇچىلاردىن 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا 2 كىشىنى باھالاپ چىقتى. شىنجاڭ شەكىلسىز مۈلۈكنى باھالاش مۇلازىمەت ئورنى ئالدىنقى يېرىم يىلدا 8 تۈرنى باھالاپ چىقتى، 5 تۈرنى باھالاپ بېكىتتى؛ بۇ مۇلازىمەت ئورنى 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنى مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش - تۈزۈمنى ئىسلاھ قىلىش خىزمىتىنى تاماملاپ، مۇستەقىل ۋاسىتىچىلىك مۇلازىمەت ئاپپاراتىغا ئايلاندى. ش ئۇ ئا ر نەشر هوقۇقى ئىدارىسى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى، سايباغ رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن نەزەرىيە سەۋىيىسى ۋە خىزمەت تەجرىبىسى بار يولداشلارنى ئەسەر هوقۇقى دەۋا دېلولىرىنىڭ خەلق زاسېداتېللىقىنى ئۈستىگە ئېلىشقا ئەۋەتتى. سانجى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى، مۇزىكا ئىجادىيەت ئەسىرى هوقۇقىنىڭ تەۋەلىكى ماجىراسىغا دائىر دېلودىكى داۋالاشقۇچىلارنى قانۇن مەسلىھەتى بىلەن تەمىنلىدى، ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەرنى تەشكىللەپ ئەسەرلەرنى باھالاش يىغىنى ئاچتى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا - سانائەت ئىدارىسى، سايباغ رايونلۇق سودا - سانائەت ئىدارىسى، قىزىل بايراق يولى سودا - سانائەت ئورنى قاتارلىق ئورۇنلار جەمئىي 160 مىڭ خىلدىن كۆپرەك VCD، CD پىلاستىنكىسى، 100 خىلدىن كۆپرەك يۇمشاق دېتالنىڭ نەشر هوقۇقى ئوغرىلانغانلىقىنى باھالاپ بېكىتتى.

يۇ جيې

## خەلق باشقۇرغان پەن - تېخنىكا كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى

1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە خەلق باشقۇرغان پەن - تېخنىكا كارخانىسى 694 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1999 - يىلى ئىچىدە ئېتىراپ قىلىنغان ۋە تەكشۈرۈپ تەستىقلانغان كارخانا 102. يۇقىرىغا يوللانغان خەلق

باشقۇرغان پەن - تېخنىكا كارخانىلىرىنىڭ ستاتىستىكىدا جەدۋەلدىكى 353 خەلق باشقۇرغان پەن - تېخنىكا كارخانىسىنىڭ ستاتىستىكا ئەھۋالى مۇنداق: دۆلەت كارخانىسى 38، كوللېكتىپ كارخانا 43، پاي ھەمكارلىق كارخانىسى 7، بىرلىشىپ باشقۇرغان كارخانا 7، چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 175، چەكلىك پاي شىركىتى 21، خۇسۇسىي كارخانا 47، باشقا ئىقتىسادىي كارخانا 15.

1999 - يىلى كارخانىلارنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 174 مىليون 901 مىڭ يۈەن، تېخنىكا، سانائەت، سودا ئومۇمىي كىرىمى 1 مىليارد 366 مىليون 680 مىڭ يۈەن. بۇنىڭ ئىچىدە تېخنىكا خاراكتېرىدىكى كىرىم 145 مىليون 647 مىڭ يۈەن. سېتىلغان مەھسۇلات كىرىمى 655 مىليون 892 مىڭ يۈەن، سېتىلغان تاۋار كىرىمى 517 مىليون 410 مىڭ يۈەن، باشقا كىرىم 47 مىليون 731 مىڭ يۈەن بولدى. مۇشۇ يىلدا كارخانىلارنىڭ يوقىرىغا تاپشۇرغان بېجى 76 مىليون 359 مىڭ يۈەن، ئالغان پايدىسى 162 مىليون 240 مىڭ يۈەن، ياراتقان تاشقى پېرېۋوتى 25 مىليون 652 مىڭ دوللار، يىل ئاخىرىدىكى كارخانا ئىگىدارلىرىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتى 1 مىليارد 484 مىليون 202 مىڭ يۈەن، كارخانىلارنىڭ ئوتتۇرىچە مۈلۈك قەرزدارلىق نىسبىتى %49.6.

تېخنىكا - سانائەت - سودا ئومۇمىي كىرىمى 1 مىليون يۈەنگە يەتمەيدىغان كارخانا 236، 1 مىليون يۈەندىن 10 مىليون يۈەنگىچە بولغان كارخانا 89، 10 مىليون يۈەندىن 100 مىليون يۈەنگىچە بولغان كارخانا 25؛ ئۇلار شىنجاڭ «تيەنمەي» پەن - تېخنىكا چەكلىك پاي شىركىتى، ئۈرۈمچى كوئېنلۈن گۈرۈھى بىئولوگىيە چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «شۇاڭشىن» ئېلېكتر سايمان - ئۈسكۈنىلىرى چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «شىلىڭ» ئېلېكترون تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ «گۇاڭجىڭ» پەن - تېخنىكا ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «ئالتۇن تۆگە» پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «لۈمەيكىس» يېشىل كەسىپ چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «لەنخۇەن» سۇنى بىر تەرەپ قىلىش پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ ئۈرۈمچى مەخسۇس خىمىيە ئوغۇت زاۋۇتى، شىنجاڭ «ستۇلىڭ» چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «جىنشۈي» پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «خۇڭجىڭ» ئالاقە چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «فاڭشىيا» سىستېما قۇرۇلۇشى چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «جىنشىڭ» ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «خەن لىنخۇي» پەن - تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «كۇيجيا» قۇلماق چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «خۇاشىدەن» دورىگەرلىك چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ ئېلېكترون تېخنىكا تەرەققىيات شىركىتى، قاراماي نېفىت ئېلىش يۈرتى مەسلىھەتچىلىك شىركىتى، قاراماي ئىگىلىك يارىتىش چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ مىچۈەن توك يولى ئەسۋابلىرى زاۋۇتى، شىنجاڭ «جىرۇيشياڭ» گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «بوغدا كۆلى» يېمەكلىك چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى قىدىرىپ ئۆلچەش - لايىھىلەش يۈرتى قۇرۇلۇش ھۆددىگەرلىك شىركىتى ۋە شىنجاڭ بايىنغولىن ئوبلاستى گازلىق تېخنىكا تەرەققىيات شىركىتىدىن ئىبارەت. مال - مۈلكى 100 مىليون يۈەندىن ئاشقان كارخانا 3 بولۇپ، بۇلار «مەيك» ئۆي جاھازلىرى چەكلىك پاي شىركىتى، شىنجاڭ گۇاڭخۇي تاش ماتېرىيال چەكلىك پاي شىركىتى ۋە ئۈرۈمچى خۇاليەن شىركىتى.

كارخانىلارنىڭ ئومۇمىي مۈلكى 2 مىليارد 944 مىليون 838 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە مۈلۈك سوممىسى 1 مىليون يۈەنگە يەتمىگەن كارخانا 203، 1 مىليون يۈەندىن 10 مىليون يۈەنگىچە بولغان كارخانا 112، 10 مىليون يۈەندىن 50 مىليون يۈەنگىچە بولغان كارخانا 26، 50 مىليون يۈەندىن 100 مىليون يۈەنگىچە بولغان كارخانا 4، 100 مىليون يۈەندىن ئاشقان كارخانا 8. كارخانىلارنى ئىقتىسادىي خاراكتېرى بويىچە ئايرىغاندا، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ مۈلۈك سوممىسى 181 مىليون 46 مىڭ يۈەن، كوللېكتىپ كارخانىلارنىڭ مۈلۈك سوممىسى 127 مىليون 932 مىڭ يۈەن، چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركەتلىرىنىڭ 1 مىليارد 169 مىليون 777 مىڭ يۈەن، چەكلىك پاي شىركەتلىرىنىڭ 1 مىليارد 20 مىليون 634 مىڭ يۈەن، خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ 209 مىليون 436 مىڭ يۈەن، چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ مۈلكى 224 مىليون 414 مىڭ يۈەن. باشقا كارخانىلارنىڭ 11 مىليون 599 مىڭ يۈەن.

كارخانىلاردىكى كەسپكارلار 9819 بولۇپ، بۇلار ئىچىدە ئالىي ئۇنۋانلىقلار 918، ئوتتۇرا ئۇنۋانلىقلار 1382، تۆۋەن ئۇنۋانلىقلار 1715، ئاسپىرانت 156، ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەنلەر 1734، ئالىي تېخنىكومنى پۈتتۈرگەنلەر 2603، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەنلەر 1424. مۇقىم ئىشچى - خىزمەتچىسى 50كە يەتمەيدىغان كارخانا 319، ئىشچى - خىزمەتچىسى 50 تىن 100 گىچە بولغان كارخانا 16، ئىشچى - خىزمەتچىسى 100 دىن ئاشىدىغان كارخانا 18.

كارخانىلارنىڭ يىللىق ئومۇمىي چىقىمى 1 مىليارد 258 مىليون 413 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە تەتقىقات - تەرەققىيات خىراجىتى 203 مىليون 249 مىڭ يۈەن. تەتقىقات ۋە تەرەققىيات خىراجىتىنى كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي خاراكتېرى بويىچە ئايرىغاندا، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ سېلىنمىسى 14

مىليون 65 مىڭ يۈەن. كوللېكتىپ كارخانىلارنىڭ سېلىنمىسى 9 مىليون 961 مىڭ يۈەن، چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركەتلىرىنىڭ سېلىنمىسى 62 مىليون 541 مىڭ يۈەن، چەكلىك پاي شىركەتلىرىنىڭ سېلىنمىسى 112 مىليون 245 مىڭ يۈەن، خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ سېلىنمىسى 3 مىليون 287 مىڭ يۈەن، باشقا كارخانىلارنىڭ سېلىنمىسى 1 مىليون 150 مىڭ يۈەن.

كارخانىلارنىڭ پاتېنت ئىلتىماسىدىن 92سى قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە پاتېنت ھوقۇقى بېرىش ئىلتىماسى 62، يولغا قويۇلغان پاتېنت 48.

شۆ فۇرۇڭ

## ئاپتونوم رايون ئىككى ئاكادېمىيە ئاكادېمىكلىرىنىڭ تەمىناتى توغرىسىدا ۋاقىتلىق بەلگىلىمە چىقاردى

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى بىلەن جۇڭگو قۇرۇلۇش ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىك (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ 2 ئاكادېمىيىنىڭ ئاكادېمىكى دەپ ئاتىلىدۇ) لىرى شىنجاڭدا خىزمەت قىلغان مەزگىلدە دۆلەت بەلگىلىگەن ئالاقىدار تەمىناتتىن بەھرىمەن بولغاندىن سىرت يەنە تۆۋەندىكى تەمىناتلاردىن بەھرىمەن بولىدىغانلىقىنى قارار قىلدى:

1. ئاپتونوم رايوندىكى پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا مەسلىھەتچىلىكىگە تەكلىپ قىلىنىدۇ، 2. ئاپتونوم رايوننىڭ چوڭ - چوڭ پەن - تېخنىكا مەسىلىلىرى، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەر توغرىسىدا تەدبىر بەلگىلەش پائالىيىتىگە قاتنىشىدۇ؛ 3. ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى 2 ئاكادېمىيە ئاكادېمىكلىرى رىياسەتچىلىك قىلىدىغان پەن تەتقىقات تۈرلىرىنى ئاۋۋال ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىدۇ، خىراجەتنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ؛ 4. ئىككى ئاكادېمىيىنىڭ ئاكادېمىكلىرى تۇرۇشلۇق ئورۇنلار ئېھتىياجغا ئاساسەن، ئاكادېمىكلارغا ياردەمچى ياكى كاتىپ سەپلەپ بېرىدۇ، ئىشخانا ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىدۇ؛ 5. ئالاقىدار ئورۇنلار 2 ئاكادېمىيە ئاكادېمىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى نەشر قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىدۇ، ئاكادېمىكلارنىڭ چەت ئەلگە چىقىپ ئىلىم - پەن ئالماشتۇرۇش ئىشىنى قانات يايدۇرۇشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىدۇ، رەسمىيەتلىرىنى ئاددىيلاشتۇرىدۇ، خىراجەتكە كاپالەتلىك قىلىدۇ؛ 6. 2 ئاكادېمىيە ئاكادېمىكلىرىغا ئاپتونوم رايون مالىيىسىدىن ھەر ئايدا 1500 يۈەن ئاكادېمىك ياردەم پۇلى بېرىلىدۇ، بۇنى پەن - تېخنىكا كومىتېتى ۋاكالىتەن تارقىتىپ بېرىدۇ؛ 7. داۋالىنىش - ساقلىقنى ساقلاش، قاتناش، ماشىنا ئىشلىتىشتە مۇئاۋىن ئۆلكە دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ تەمىناتى بويىچە مۇئامىلە قىلىنىدۇ؛ 8. تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 150 — 180 كۋادرات مېتىر ئۆلچەم بويىچە ئىجرا قىلىنىدۇ؛ 9. ئاكادېمىكلار تۇرۇشلۇق ئورۇنلار ئاكادېمىكلار بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنى ئالاقىدار ئەھۋاللاردىن خەۋەردار قىلىشى، ئۇلارنىڭ پىكىر - تەلەپلىرىنى ئاڭلىشى لازىم.

ۋاڭ شۆسەي

## جۇڭگو قۇرۇلۇش ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

**ۋۇ مىڭجۇ** ئايال، 1930 - يىلى 1 - ئايدا تۇغۇلغان، خەنزۇ، كومپارتىيە ئەزاسى، ۋۇخەن شەھىرىدىن، ھازىر شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى باغۋەنچىلىك تەتقىقات ئورنىدا ئىشلەيدۇ. 1999 - يىلى جۇڭگو قۇرۇلۇش ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى بولۇپ سايلاندى.

ۋۇ مىڭجۇ 1953 - يىلى ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرۈپ، شىنەن دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق ئىدارىسىگە تەقسىم قىلىنىپ تېخنىك بولغان، كېيىن ج ك پ مەركىزىي كومىتېت يېزا خىزمەت بۆلۈمىدە خادىم بولغان. 1955 - يىل 11 - ئايدا ئۆز ئىختىيارى بىلەن شىنجاڭغا كېلىپ، ئۈرۈمچى ۋىلايەتلىك پارتكوم يېزا خىزمىتى بۆلۈمىگە تەقسىم قىلىنغان. 1956 - يىل 8 - ئايدا دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ 1 - سېپىگە بېرىشنى تەلەپ قىلىپ، قوغۇن، تاۋۇزنىڭ ئېرسىيەتلىك ئۇرۇقىنى يېتىشتۈرۈش بىلەن شۇغۇللانغان. پىچان ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىنىڭ باشلىقى، تۇرپان دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىنىڭ شۇجىسى، پونكىت باشلىقى، تۇرپان ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، تۇرپان مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىللەردە ئارىلىقتا تەتقىقات خىزمىتىنى توختاتمىغان. 1980 - يىل 12 - ئايدا ئاگرونوم، 1981 - يىل 4 - ئايدا كاندىدات تەتقىقاتچى، 1985 - يىل 7 - ئايدا تەتقىقاتچى بولغان. پۈتۈن زېھنىنى تەتقىقات خىزمىتىگە قارىتىش ئۈچۈن، 1983 - يىل 11 - ئايدا مۇئاۋىن ۋالىيلىق ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بەرگەن ھەمدە 1985 - يىل 5 - ئايدا شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى باغۋەنچىلىك تەتقىقات ئورنىغا يۆتكىلىپ كېلىپ، قوغۇن - تاۋۇز تەتقىقات خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلغان. ۋۇ مىڭجۇ 1984 - يىل 3 - ئايدىن باشلاپ، جۇڭگو باغۋەنچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي كېڭەش ئەزاسى، مەملىكەتلىك

تاۋۇز، قوغۇن كەسپىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئامېرىكا كاۋا ئائىلىسى ئېرسىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى بولغان.

ۋۇ مىڭجۇڭنىڭ قوغۇن - تاۋۇز تەتقىقات ساھەسىدىكى بىلىمى ناھايىتى يۇقىرى. ئۇ قوغۇن - تاۋۇز ئىشلىرىغا 40 يىلدىن كۆپرەك ئۆزىنى بېغىشلىغان بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ۋە مەملىكەتنىڭ قوغۇن - تاۋۇز ئىشلىرىغا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان. ئۇ ئۆلكە دەرىجىلىك باھالاشتىن ئۆتكەن 23 خىل قوغۇن - تاۋۇز سورتىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىپ، جەمئىيەتكە نەچچە مىليارد يۈەن ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىپ بەرگەن. كۆپ يىللىق پەن تەتقىقات ئەمەلىيىتى ئارقىلىق، قوغۇن سورتىنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئۆستۈرۈشنىڭ تېخنىكا سىستېمىسىنى بەرپا قىلغان. ئۇ بىر تۈردە دۆلەت پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 4 تۈردە ئۆلكە، مىنىستىر دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتى بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 2 تۈردە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن؛ مەخسۇس ئەسەردىن 3نى نەشر قىلدۇرغان، 20 پارچىدىن كۆپرەك ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان.

ۋاڭ شۇسەي

**ليۇ شۇرېن** ئەر، 1934 - يىلى 3 - ئايدا تۇغۇلغان، خەنزۇ، جياڭسۇنىڭ جىڭجياڭ شەھىرىدىن. 1999 - يىلى جۇڭگو قۇرۇلۇش ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى بولۇپ سايلاندى.

ليۇ شۇرېن 1955 - يىلى نەنجىڭ يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرۈپ، بىڭتۇەن زىنچۇەن نەسىللىك قوي فېرمىسىغا تەقسىم قىلىنغان، ئۇ يەردە تېخنىك، بۆلۈم باشلىقى، مۇئاۋىن فېرما باشلىقى، فېرما باشلىقى، ئالىي چارۋىچىلىق تېخنىكى بولغان. 1984 - يىلى بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 8 - شىنىڭ باش چارۋىچىلىق تېخنىكى بولغان، 1988 - يىلى بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ باشلىقى، تەتقىقاتچى بولغان، 1995 - يىلى پەخرىي ئاكادېمىيە باشلىقى بولغان. ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، دۆلەت يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك تېخنىكا كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، شىخەنزە يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنىڭ مېھمان پروفېسسورى بولغان.

ليۇ شۇرېن شىنجاڭدا 40 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىشلەش داۋامىدا، «قانداشلىق يۇتقۇزۇشلۇق نەسىل يېتىشتۈرۈش ئۇسۇلى»نى بەرپا قىلىپ، ئەنئەنىۋى نەسىل يېتىشتۈرۈش نەزەرىيىسىدىكى قانداش يېقىن تۇغقانلارنى چېتىشتۇرۇشنىڭ چەكلەنگەن رايونىنى بۇزۇپ تاشلاپ، مېتىسلاشتۇرۇش باسقۇچىدا قانداش تۇغقانلار ئارا چېتىشتۇرۇش ئۇسۇلىنى ئىجادىي ھالدا قوللىنىپ، ئادەتتىكى 3 باسقۇچلۇق نەسىل يېتىشتۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، نەسىل يېتىشتۈرۈشنى 2 باسقۇچتىلا تاماملاپ، ھالقىپ ئۆتۈش شەكلىدىكى نەسىل يېتىشتۈرۈش سۈرئىتىنى ئىشقا ئاشۇرغان، 12 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك، جۈنى چوڭ، يۇڭى جىق ھەربىيلەر بوزيەر ئېچىش ئىنچىكە يۇڭلۇق قويىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېتىشتۈرۈپ چىقىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا ئاكتىپ رول ئوينىغان.

ئۇ جۇڭگونىڭ نەسىللىك قوي يېتىشتۈرۈش ۋە ياخشىلاش ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان بىر يۈرۈش كۆپەيتىپ يېتىشتۈرۈش ئۇسۇلى ۋە نەزەرىيىسىنى تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويدى، گېننىڭ ئورنىنى بېكىتىش، سېۋوروتكىنى ئاقسىلغا ئايلاندۇرۇش، تۆرەلمىنى كۆچۈرۈش، 2 ئايلىق قوزىلارنى ئالاھىدە يېتىشتۈرۈش قاتارلىق تېخنىكىلارنى قوللىنىپ، 5 سورتنى يېتىشتۈرۈپ، قويلارنىڭ نەسىل بايلىقىنى تولۇقلاپ، دۆلەتنىڭ كۆپ تۈردىكى بوشلۇقىنى تولدۇردى. نەسىللىك قويلارنى يېتىشتۈرۈشنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىي تېخنىكىسىنى بېيىتتى ھەمدە ئۇنى يېڭىلىدى. ئۇ دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق سانائەت خاراكتېرلىك تەجرىبە تۈرى — «جۇڭگو مېرىنوس قويى (شىنجاڭ ھەربىيلەر بوزيەر تىپى)نى كۆپەيتىپ يېتىشتۈرۈش سىستېمىسى» ۋە «U سورتلۇق قويلارنى كۆپەيتىپ يېتىشتۈرۈش ۋە بازا قۇرۇلۇشى»غا 2 قېتىم رىياسەتچىلىك قىلدى ۋە ئۇنى لايىھەلەپ چىقتى ھەمدە ئۇنىڭ پۈتۈن جەريانىنى تەشكىللىك تۈردە ئىشقا ئاشۇردى، جۇڭگونىڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قويلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ماس كېلىدىغان 3 دەرىجىلىك كۆپەيتىپ يېتىشتۈرۈش قۇرۇلۇش سىستېمىسىنى ئىجادىي ھالدا بەرپا قىلىپ، جۇڭگو ئىنچىكە يۇڭلۇق قويىنى كۆلەملىك يېتىشتۈرۈش ھەمدە جۇڭگونىڭ يۇڭ توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۆزىنىڭ سۈپەتلىك يۇڭى بىلەن مەدەت بېرىش ئىشىغا تارىخىي تۆھپە قوشتى. ئۇ ئىنچىكە يۇڭلۇق قويلارنى ئېكولوگىيىلىك شارائىتتا بېقىش، كۆپەيتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ بىر پۈتۈن يېڭى تەپەككۇرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. دۆلەتنىڭ «شىمالنىڭ قويىنى جەنۇبقا يۆتكەش قۇرۇلۇشى»غا رىياسەتچىلىك قىلدى، سىچۇەن، يۈننەن، خۇبېي قاتارلىق 5 ئۆلكە، ئاپتونوم رايوندا نەسىللىك قويلارنى يەرلەشتۈرۈپ كۆپەيتىش بويىچە ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي بازىسىنى قۇرۇپ چىقىپ، جۇڭگونىڭ يېڭى قوي يۇڭى ئىشلەپچىقىرىش بازىسىنى

بەرپا قىلدى.

تەتقىقاتچى ليۇ شۇرېن ئىرسىيەتلىك نەسىل يېتىشتۈرۈش ۋە قوي يۇڭى سۈپىتىنى ياخشىلاش تەتقىقاتى بىلەن 44 يىل شۇغۇللاندى. 11 نەپەر تەتقىقاتچى ۋە كاندىدات تەتقىقاتچىنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى، 20 دىن كۆپرەك مىنىستىر، ئۆلكە دەرىجىلىك تەتقىقات تېمىسىغا رىياسەتچىلىك قىلدى ۋە ئۇنى ئاماللىدى. بىر قېتىم مەملىكەتلىك ئىلىم - پەن يىغىنى مۇكاپاتى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 2 تۈردە مەملىكەتلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 7 تۈر بويىچە ئۆلكە، مىنىستىر دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، 40 پارچىدىن كۆپرەك ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى، «بوزيەر ئۆزلەشتۈرگۈچى ھەربىيلەر ئىنچىكە يۇڭلۇق قويى»، «قوي يۇڭى ۋە قوي يۇڭى سۈپىتى»، «قويچىلىق ئىلمى»، «جۇڭگو مېرىنوس قويى سورتىنى كۆپەيتىپ يېتىشتۈرۈش» قاتارلىق 6 ئەسەرنى نەشر قىلدۇردى. ئۇ مۇنەۋۋەر زىيالىيلار ۋەكىلى سۈپىتىدە پارتىيىنىڭ 12 - ۋە 13 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتايلىرىغا قاتناشتى. 1985 - يىلى كادىرلار مىنىستىرلىكى ئۇنىڭغا «دۆلەت دەرىجىلىك ئالاھىدە تۆھپە قوشقان ئوتتۇرا ياش مۇتەخەسسىس» دەپ نام بەردى. 1991 - يىلى 1 - تۈركۈمدە ھۆكۈمەتنىڭ ئالاھىدە ياردەم پۇلىدىن بەھرىمەن بولدى. ئۇ مۇشۇ پەننىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسىنى يارىتىش، ئەمەلىي تېخنىكىنى تەتقىق قىلىش، كېڭەيتىشتىكى باشلامچى.

بىڭتۈەن پەن - تېخنىكا كومىتېتى

## دۆلەتنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەن ئىلغار كوللېكتىپ ۋە شەخسلەر

پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكى، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى، جۇڭگو پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى 1999 - يىل 12 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئاچقان مەملىكەتلىك پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى يىغىنىدا مەملىكەت بويىچە پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلىدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۈرۈمچى ئاسترونومىيە پونكىتى، بورتالا ئوبلاستلىق پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى، شىنجاڭ شىخەنزە پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى، خۇ ۋېنكاڭ (جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىدىن)، يەن ئېنفۇ (ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ئومۇملاشتۇرۇش بۆلۈمىدىن)، ئۆمەر توختى (يۇگۇر ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىدىن)، لى جىنچيۇ (بىڭتۈەندىن)، داڭ يونۇڭ (ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىشچى - خىزمەتچىلەر تېخنىكا جەمئىيىتىدىن) لار تەقدىرلەندى.

لى تيېجۈن

ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى قارمىقىدىكى ئىلمىي جەمئىيەتلەرنىڭ 1999 - يىلدىكى مۇھىم ئىلمىي پائالىيەتلىرى

| پائالىيەت نامى | ۋاقتى (ئاي) | ئورنى | ئۇيۇشتۇرغان، ھەمكارلاشقان ئورۇن | ئاساسىي مەزمۇنى |
|---|---|---|---|---|
| يەر شارىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە مۇز چەمبىرىكى تەتقىقاتىغا دائىر ئىلمىي دوكلات | 1 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ مۇزچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى گىدرولوگىيە كەسپىي ھەيئىتى، شىنجاڭ گىدرولوگىيە بايلىقى ئىدارىسى | ھاۋا كىلىماتى ۋە مۇز چەمبىرىكى تەتقىقاتى دوكلات قىلىندى، دۇنيا مېتېئورولوگىيە تەشكىلاتىنىڭ قاتتىق ھالەتتىكى ھۆل - يېغىن سېلىشتۇرمىسىنى كۆزىتىپ ئۆلچەشنىڭ ئاساسىي نەتىجىسى ۋە كانادا شىمالىي قۇتۇپ رايونىنىڭ جۇغلانما قارىنى كۆزىتىش ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلدى |
| شىنجاڭنىڭ 1999 - يىللىق ئاپەت يۈزلىنىشى يىغىنى | 1 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ ئاپەتتىن مۇداپىئە كۆرۈش جەمئىيىتى | شىنجاڭنىڭ 1999 - يىللىق تەبىئىي ئاپەت ئەھۋالى خۇلاسىلاندى، ئاپتونوم رايونىنىڭ 1999 - يىللىق تەبىئىي ئاپەت يۈزلىنىشى ۋە تەدبىرلىرى توغرىسىدا تەكلىپ بېرىلدى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ ئورمانچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 7 - قۇرۇلتىيى | 1 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ ئورمانچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى | 7 - نۆۋەتلىك كېڭەش سايلاندى |
| زىققا كېسىلى تەتقىقاتى ۋە ئۇنى داۋالاش ھەمدە پەن تەتقىقات ئۇسۇلى كۇرسى | 1 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ مىللىي تىبابەتچىلىك - دورىگەرلىك ئىلمىي جەمئىيىتى | خالمۇرات، ئىسراپىل قاتارلىق مۇتەخەسسىسلەر ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك دورىلىرىنىڭ جۇڭگوچە، غەربچە تىبابەت دورىلىرىنىڭ زىققا كېسىلىنى داۋالاشتىكى ۋە تەتقىقات جەھەتتىكى ئۆز ئارا تولۇقلاش خۇسۇسىيىتىنى ھەمدە زىققا كېسىلى نەزەرىيە بىلىمى ۋە پەن تەتقىقات ئۇسۇلىنى سۆزلىدى |
| كېڭەش يىغىنى | 2 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ تۇپراق - ئوغۇتچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى | ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ 3 يىلدىن بۇيانقى خىزمەتلىرى خۇلاسىلەندى، مۇتەخەسسىسلەر مەخسۇس دوكلات بەردى. ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ 40 يىللىقى تەبرىكلەندى، تۇپراقچىلىق خىزمىتىگە تۆھپە قوشقان 100 نەپەر پەن - تېخنىكا خادىمى تەقدىرلەندى |
| دۇنيا «24 - مارت» تۇبېركۇليۇز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە مەسلىھەتچىلىك پائالىيىتى | 3 | شىنجاڭ بويىچە | شىنجاڭ سىل كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش جەمئىيىتى | تەشۋىقات ماشىنىسى ئىشقا سېلىندى، تەشۋىقات خەت شەكلى ياسالدى ۋە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە 3 خىل يېزىقتا تەشۋىقات ۋەرەقىسى ھەمدە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە 2 خىل يېزىقتا تەشۋىقات گېزىتى ئىشلەندى |
| تۇنجى نۆۋەتلىك ئىچكى ئاجرالمىلار ئىلمىي يىغىنى | 3 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ تىببىي ئىلمىي جەمئىيىتى ئىچكى ئاجرالمىلار شۆبە جەمئىيىتى | ئىلمىي لېكسىيە ئوقۇلدى، يىغىندا ئىلىم ئالماشتۇرۇلدى |
| مېۋە ئورمانچىلىقىنى راۋاجلاندۇرۇش، كەسپلەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش مۇھاكىمە يىغىنى | 3 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ ئورمانچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى | مېۋە ئورمانچىلىقى بىلەن ئېكولوگىيىلىك بىرگە ئىگىلىكنى كەسپلەشتۈرۈش، تەشكىللەش شەكلى قاتارلىق 9 جەھەتتىكى مەزمۇن ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى |
| دۇنيا يەر شارى كۈنى (4 - ئاينىڭ 22 - كۈنى) تەشۋىقاتى | 4 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ يەر تەۋرەش ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلار نازارىتى گېئولوگىيىلىك مۇھىت باشقارمىسى | تەشۋىقات ئىستونى نەشر قىلىندى، تەشۋىقات ماتېرىياللىرى تارقىتىلدى، پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىلدى |
| 3 - نۆۋەتلىك ئەزالار قۇرۇلتىيى | 4 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ ئالدىنى ئېلىش تىبابەتچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى | 3 - نۆۋەتلىك دائىمىي كېڭەش سايلاندى، 11 مەيدان ئىلمىي دوكلات ئورۇنلاشتۇرۇلدى |
| قورساق، توغۇت ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنلۇق دىئاگنوزشۇناسلىق كۇرسى | 4 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنلۇق تىبابەتچىلىك قۇرۇلۇش ئىلمىي جەمئىيىتى | ئاياللارنىڭ داس بوشلۇقىنى كەسمە يۈز بويىچە ئۇلترا ئاۋاز دولقۇن ئارقىلىق كېسىش، غەيرىي ئورۇندىكى ھامىلە، تۇخۇمدان ئۆسمىسى، ئاشقازان، ئۈچەي ئاستى بەز كېسىلى، قورساق ئايلانمىسى ئاغرىقىنى تەكشۈرۈش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| تۈنجى نۆۋەتلىك ئېنگىلىزچە ئىلمىي ماقالە لېكسىيە مۇسابىقىسى | 4 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ نېفىت ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى چەت ئەل ھەمكارلىق بۆلۈمى | باش پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئىنگلىز تىلىدىن پايدىلىنىپ ئىلىم - پەن ئالماشتۇرۇش ئىقتىدارى ئۆستۈرۈلدى |
| 21 - ئەسىر مۇتەخەسسىسلىرى ۋە بازار كۆزۈركى سۆھبەت يىغىنى | 4 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ مال دوختۇرلۇق ئىلمىي جەمئىيىتى | ئاپتونوم رايون بويىچە مال دوختۇرلۇق مۇتەخەسسىسلىرى ۋە بىئو خىمىيە دورا زاۋۇتى، ش ئۇ ئا ر باش پونكىت دورا زاۋۇتى، چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى دورا زاۋۇتى قاتارلىق كارخانا ساھەسىدىكى زاتلارنى ئويۇشتۇرۇپ 21 - ئەسىر مۇتەخەسسىسلىرى ۋە بازار كۆزۈركى توغرىسىدا سۆھبەت ئۆتكۈزۈلدى |
| 99 ’ مۇنەۋۋەر QC گۇرۇپپىلىرىنى باھالاش نەتىجىسىنى ئېلان قىلىش يىغىنى | 4 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ قىدىرىپ تەكشۈرۈش - لايىھىلەش جەمئىيىتى | ئاپتونوم رايون بويىچە 99 ’ QC گۇرۇپپىلىرىنى باھالاش يىغىنى ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسىنى ئېلان قىلىش يىغىنى، 30 دىن كۆپرەك لايىھىلەش تەتقىقات يۇرتى، 100 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. |
| ئاپتونوم رايونلۇق 5 - نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر تەبىئىي پەن ئىلمىي ماقالىلىرىنى تاللاش خىزمىتى | 1—5 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ پەن -تېخنىكا جەمئىيىتى، ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى، كادىرلار نازارىتى | 1 - ئايدا مەركەزلىك ھالدا باھالاش ئېلىپ بېرىلدى، 3 - ئايدا گېزىتتە ئېلان قىلىنىپ پىكىر ئېلىندى. 5 - ئايدا مۇكاپاتلاش يىغىنى ئېچىلدى، قوبۇل قىلىنغان 362 پارچە ئىلمىي ماقالىدىن 177 سى مۇكاپاتلاندى. بۇنىڭ 15ى 1 - دەرىجىلىك، 51ى 2 - دەرىجىلىك، 111ى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى |
| قۇم - بورانلىق، قۇم - شورلۇق رايونلاردا يول ياساش تېخنىكىسى مۇھاكىمە يىغىنى | 5 | كورلا | شىنجاڭ تاشيول ئىلمىي جەمئىيىتى | ئاپتونوم رايوننىڭ شامالدا توپلانغان قۇم، شورلۇق تۇپراق رايونلىرىدىكى تاشيول قۇرۇلۇشى تەجرىبىلىرى يەكۈنلەندى، شىنجاڭنىڭ شورلۇق تۇپراق رايونلىرىدا تاشيول ئۇلى يۈزىنى لايىھىلەپ قۇرۇلۇش قىلىش قائىدىسى تۈزۈپ چىقىلدى |
| ئاسترونومىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 2 - قۇرۇلتىيى | 5 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ ئاسترونومىيە ئىلمىي جەمئىيىتى | ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ 2 - نۆۋەتلىك كېڭەشى سايلاپ چىقىلدى، 2 - نۆۋەتلىك 1 - قېتىملىق كېڭەش يىغىنى ئېچىلىپ، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ دائىمىي كېڭەشى سايلاپ چىقىلدى |
| مېتېئورولوگىيە بىلىملىرىگە دائىر لېكسىيە | 5 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى | يەر شارى كىلىماتىنىڭ ئىسسىقلىققا قاراپ ئۆزگىرىشى، سۇتكىلىق كىلىمات سانلىق مەلۇماتلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە پەرق چېكى ئانالىز قىلىندى. IPCC بويىچە يەر شارىنىڭ سۇتكىلىق ئۆزگىرىشى تەتقىقاتى، قىسقا مۇددەتلىك كىلىماتتىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش جەھەتتىكى ئالدىن مەلۇمات بېرىش ئۇسۇلى دوكلات قىلىندى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| كۈتۈپخانىلارنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش بويىچە نەق مەيداندا تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى | 6 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ كۈتۈپخانا ئىلمىي جەمئىيىتى | ھەرقايسى كۈتۈپخانىلار كىتابلارنىڭ مۇندەرىجە سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قۇرۇلۇشى ۋە كۈتۈپخانىلارنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يولغا قويۇلۇش تەجرىبىسىنى تونۇشتۇردى، ئاپتوماتلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرگە قارىتا نەق مەيداندا مەسلىھەت بەردى |
| باللار ساقلىقىنى ساقلاش بويىچە مەسلىھەت بېرىش، دىئاگنوز قويۇش پائالىيىتى | 6 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ جۇڭيى دورىگەرلىك ئىلمىي جەمئىيىتى باللار بۆلۈمى كەسپىي ھەيئىتى | 400 دىن ئارتۇق بالىنىڭ سالامەتلىكى تەكشۈرۈلدى، 100 دىن ئارتۇق بالىغا دىئاگنوز قويۇلدى. 200 دىن ئارتۇق كىشىگە مەسلىھەت بېرىلدى ھەمدە تەشۋىقات ماتېرىياللىرى ۋە سالامەتلىكنى ساقلاش قوللانمىسى ھەدىيە قىلىندى |
| ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇش ۋە ئىلىم - پەن ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى | 6 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ نەق مەيدان ستاتىستىكا تەتقىقات جەمئىيىتى<br>ئۈرۈمچى ستاتىستىكا ئىدارىسى | دۆلەتنىڭ كۆپ خىل ئۇسۇللار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ قوللىنىلىدىغان ستاتىستىكىلىق تەكشۈرۈش ئۇسۇلى سىستېمىسىنى قوللىنىش تەجرىبىلىرى ئالماشتۇرۇلدى |
| كارخانىلارغا مۇلازىمەت قىلىش مۇھاكىمە يىغىنى | 6 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ ئۆلچەملەشتۈرۈش جەمئىيىتى | جەمئىيەتنىڭ كارخانىلارغا قانداق خىزمەت قىلىش مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىندى |
| شىنجاڭ تاشيول ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 5 - قۇرۇلتىيى | 7 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ تاشيول ئىلمىي جەمئىيىتى | 4 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ خىزمەتلىرى خۇلاسىلەندى، 5 - نۆۋەتلىك كېڭەش سايلاپ چىقىلدى |
| بىكتۇەن پاختىچىلىق كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇش ئىستراتېگىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات | 7 | ئۈرۈمچى، جەنۇبىي شىنجاڭ | شىنجاڭ بىزا ئىگىلىك ئىقتىسادىي ئىلمىي جەمئىيىتى | بىكتۇەننىڭ پاختىچىلىق كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇش مەسىلىسى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىندى |
| شىنجاڭ جۇڭيى دورىگەرلىك ئىلمىي جەمئىيىتى يىڭنە - پىچاق تىبابەت ئىلىم كەسپىي ھەيئىتىنىڭ قۇرۇلۇش يىغىنى ۋە تۇنجى نۆۋەتلىك ئىلىم - پەن ئالماشتۇرۇش يىغىنى | 7 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ جۇڭيى دورىگەرلىك ئىلمىي جەمئىيىتى | شىنجاڭ جۇڭيى دورىگەرلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ يىڭنە - پىچاق تىبابەت ئىلىم كەسپىي ھەيئىتىنىڭ 1 - قېتىملىق ھەيئەتلىرى سايلاپ چىقىلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ يىڭنە - پىچاق تىبابەت ئىلمىنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى تەجرىبىلىرى ئالماشتۇرۇلدى، 100 دىن كۆپرەك كىشى قاتناشتى |
| يەر ئىلمى يازلىق لاگېرى | 7 | ئالتاي ۋىلايىتى | شىنجاڭ گېئولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى | 1999. يىلى ئالتاي ۋىلايەتلىك يەر ئىلمى يازلىق لاگېرى |
| شىنجاڭ 4 - نۆۋەتلىك يېپەك يولى لوڭقىسى چوت تېخنىكىسى مۇسابىقىسى | 7 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ چوت جەمئىيىتى | مەملىكەتلىك 13 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ چوت تېخنىكىسى مۇسابىقىسىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلگەن كوللېكتىپ مۇسابىقە ۋە شەخسلەرنىڭ ماھارەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| چارۋا ماللاردا بولىدىغان ئىغىز - تۇۋاق تەمرەتكىسىنىڭ جىددىي ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش، مەسلىھەت بېرىش | 7 | ئىلى، ئالتاي ۋىلايىتى | شىنجاڭ مال دوختۇرلۇق ئىلمىي جەمئىيىتى | مۇتەخەسسىسلەرنى ئويۇشتۇرۇپ 2 ۋىلايەتتىكى 8 ناھىيىدە چارۋا ماللاردىكى ئىغىز - تۇۋاق تەمرەتكىسىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈلدى، جىددىي ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش، مەسلىھەت بېرىش ۋە تەربىيىلەش ئېلىپ بېرىلدى |
| شىنجاڭ 5 - نۆۋەتلىك موڭغۇل تىبابەتچىلىك دورىگەرلىك ئىلمىي تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى | 7 | قوبۇقسار | شىنجاڭ مىللىي تىبابەتچىلىك دورىگەرلىك ئىلمىي جەمئىيىتى | يىغىندا 80 پارچە ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋېلىندى، مىللىي دورىگەرلىك تەجرىبىلىرى تونۇشتۇرۇلغان 54 ماقالە يىغىندا ئالماشتۇرۇلدى |
| ۋۇ دېگىيۇەندىن ئۆگىنىش، ياش تېبىبىي مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملارنىڭ يېزىلارغا بېرىپ كېسەل كۆرۈش پائالىيىتى | 7 | سانجى | شىنجاڭ ياشلار ئىلىم - پەن يىللىق يىغىنى ئىجرائىيە ھەيئىتى | ئاپتونوم رايون سانجى ئوبلاستىدىن 25 ياش مۇتەخەسسىس دوختۇرنى يېزىلارغا بېرىپ كېسەل كۆرۈشكە ۋە «ئۈچ ياشانغانلار»، 5تە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلىلەرنى ھەقسىز داۋالاش، دورا يەتكۈزۈپ بېرىش پائالىيىتىگە ئويۇشتۇردى، تەكشۈرتۈشكە قاتناشقان ئامما 1000 دىن كۆپرەككە يەتتى |
| 21 - ئەسىردىكى ئىلمىي جەمئىيەتلەر خىزمىتى مۇھاكىمە يىغىنى | 7 | كۈنمىڭ شەھىرى | شىنجاڭ خىمىيە سانائىتى ئىلمىي جەمئىيىتى ۋە باشقا ئۆلكە دەرىجىلىك خىمىيە سانائىتى ئىلمىي جەمئىيىتى بىرلىشىپ باشقۇرغان | 21 - ئەسىردە ئۆلكە دەرىجىلىك خىمىيە سانائىتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتىنى قانداق ئىشلەش ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى. ھەر قايسى ئۆلكىلەر خىمىيە سانائىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈستىدىكى تەسەۋۋۇرلار تونۇشتۇرۇلدى |
| ئېلېكترونلۇق مىكروسكوپ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ۋە 7 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى | 8 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ فىزىئولوگىيە پەنلىرى جەمئىيىتى ئېلېكترونلۇق مىكروسكوپ ئىلمىي جەمئىيىتى | شىنجاڭنىڭ ئېلېكترونلۇق مىكروسكوپ تېخنىكىسى ۋە ئۇنى قوللىنىش تەتقىقاتى بويىچە ئىلىم - پەن ئالماشتۇرۇلدى |
| ئاسترونومىيە يازلىق لاگېرى | 8 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ ئاسترونومىيە ئىلمىي جەمئىيىتى، ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا سارىيى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى | ئاسترونومىيىلىك كۆزىتىش ئېلىپ بېرىلدى، مۇتەخەسسىسلەر دوكلات بەردى، ئاي ۋە 9 چوڭ سەييارىنىڭ تىزىلىشىنىڭ ئىنسانلارغا ئاپەت ئېلىپ كەلمەيدىغانلىقى توغرىسىدا لېكسىيە سۆزلەندى |
| شىنجاڭ مىللىي دورىلىرىنىڭ فارماكولوگىيىسى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى | 8 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ مىللىي تىبابەتچىلىك - دورىگەرلىك ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ ياشلار ئىلمىي جەمئىيىتى | يىغىندا ئىچكى ئۆلكىلەردىن كەلگەن ئاتاغلىق مۇتەخەسسىسلەر دوكلات بەردى. شىنجاڭ مىللىي دورىلىرىنىڭ فارماكولوگىيە يېڭى نەتىجىلىرى كۆرگەزمە قىلىندى، ئۆگىنىش، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلدى |
| ئىلمىي دوكلات يىغىنى | 8 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ ئارخىپ ئىلمىي جەمئىيىتى | جۇڭگو «خەلق» ئۇنىۋېرسىتېتى ئارخىپ ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، پروفېسسور گوڭ شياۋدۇڭ «ئارخىپ بايلىقىنى ئېچىش نەزەرىيىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات» دېگەن تېمىدا ئىلمىي دوكلات بەردى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىك مېتېئورولوگىيىسى 99، ئىلمىي ئالماشتۇرۇش يىغىنى | 8 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە ئىلمىي ھەيئىتى، مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىك مېتېئورولوگىيىسى ئىلمىي ھەيئىتى | مېتېئورولوگىيە ئىشلىرىنى قانداق قىلىپ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش جەھەتتىكى تەجرىبىلەر ئالماشتۇرۇلدى |
| ئاقسۇغا بېرىپ سەييارە پەن - تېخنىكا لېكسىيىسى سۆزلەندى | 9 | ئاقسۇ | شىنجاڭ جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتى | بازار ئىگىلىكى نەزەرىيىسى ۋە يېزىلارنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشكە دائىر بىر نەچچە مەسىلە سۆزلەندى |
| 1994 — 1996 - يىللىق، 1997 — 1999 - يىللىق شىنجاڭ پەن - تېخنىكا قەرەللىك ژۇرناللىرىنىڭ سۈپىتى سېلىشتۇرۇپ باھالاندى، مۇنەۋۋەر مەسئۇل مۇھەررىر، مۇھەررىرلەر سېلىشتۇرۇپ باھالاندى | 9 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ پەن - تېخنىكا قەرەللىك ژۇرنال مۇھەررىرلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى | شىنجاڭ بويىچە 3 - قېتىملىق ۋە 4 - قېتىملىق پەن - تېخنىكا قەرەللىك ژۇرناللىرىنىڭ سۈپىتى سېلىشتۇرۇپ باھالاندى، مۇنەۋۋەر مەسئۇل مۇھەررىر، مۇھەررىرلەر سېلىشتۇرۇپ باھالاندى ھەمدە مەملىكەت بويىچە سېلىشتۇرۇپ باھالاشقا قاتنىشىدىغانلارنىڭ ئىسمىلىكى كۆرسىتىلدى |
| دېڭىز بوغىزىنىڭ ئىككى ياقىسىدىكىلەرنىڭ 4 - نۆۋەتلىك ئېلېكترونلۇق مىكروسكوپ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى | 9 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ فىزىئولوگىيە پەنلىرى جەمئىيىتى ئېلېكترونلۇق مىكروسكوپ ئىلمىي جەمئىيىتى | دېڭىز بوغىزىنىڭ ئىككى ياقىسىدىكىلەرنىڭ ئېلېكترونلۇق مىكروسكوپ تېخنىكىسىنى قوللىنىش ئەھۋالى مۇھاكىمە قىلىندى |
| قۇرغاق رايونلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك يېزا ئىگىلىك قۇرۇلۇشى ۋە سىجىل تەرەققىياتى بويىچە ئىلىم - پەن ئالماشتۇرۇش يىغىنى | 9 | ساۋەن | شىنجاڭ ئېكولوگىيە، دېھقانچىلىق ئىلمى، سۇچىلىق، ئورمانچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مۇھىت - بايلىق كومىتېتى، ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى، يېزا ئېنېرگىيە مەنبەسى خىزمەت پونكىتى، ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، ساۋەن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى، بىڭتۈەن دېھقانچىلىق ئىدارىسى، سۇچىلىق ئىدارىسى | يېزا ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكا، مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇش، يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا ئىنقىلابىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئېكولوگىيىلىك يېزا ئىگىلىكىنى كېڭەيتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، بوستانلىقلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى ياخشىلاش مۇھاكىمە قىلىندى |
| 4 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتاي ۋە 2 - نۆۋەتلىك ئىلمىي يىللىق يىغىنى | 9 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ نەق مەيدان ستاتىستىكا تەتقىقات جەمئىيىتى | ئىلىم ئالماشتۇرۇلدى، يېڭى نىزامنامە ماقۇللاندى، يېڭى نۆۋەتلىك كېڭەش سايلاپ چىقىلدى |
| جۇڭگوچە - غەربچە داۋالاشنى بىرلەشتۈرۈش بويىچە 5 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك بۆرەك كېسەللىكى ئىلىم ئالماشتۇرۇش يىغىنى | 9 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ جۇڭگوچە - غەربچە داۋالاشنى بىرلەشتۈرۈش ئىلمىي جەمئىيىتى، جۇڭگوچە - غەربچە داۋالاشنى بىرلەشتۈرۈش بۆرەك كېسەللىكى كەسپىي ھەيئىتى | بۆرەك كېسەللىكى ئاساس تەتقىقاتى ۋە كىلىنىكىلىق تەتقىقات جەھەتتە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر ۋە ئىلىم ئالماشتۇرۇلدى |
| 20 - نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر سۈپەت باشقۇرۇش گۇرۇپپا ۋەكىللىرى يىغىنى | 9 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ سۈپەت باشقۇرۇش ئىلمىي جەمئىيىتى، ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد - سودا كومىتېتى سۈپەت باشقارمىسى | كارخانا مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ۋە سۈپەتنى نازارەت قىلىش - كونترول قىلىش ئۇسۇللىرى، تېخنىكىلىرى ئالماشتۇرۇلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر سۈپەت باشقۇرۇش گۇرۇپپىلىرى ۋە داڭلىق رەھبەرلەر تەقدىرلەندى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| دورىگەرلىك ئىلمىي بويىچە ئىلمىي دوكلات | 10 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ دورىگەرلىك ئىلمىي جەمئىيىتى | گېرمانىيە بېرلىن ھۆرىيەت ئۇنىۋېرسىتېتى تېببىي ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى ھۆجەيرە يېتىشتۈرۈشنىڭ تېرە ئىلمىي تەتقىقاتى جەھەتتە قوللىنىلىشى؛ جاھىل تەمرەتكە كېسىلىنى داۋالاش ۋە ئۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتنىڭ تەرەققىياتى، ئاق كېسەلنى داۋالاش ۋە ئۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتنىڭ تەرەققىياتى ئۈستىدە دوكلات بەردى |
| شىنجاڭنىڭ ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلىرىنى خاتىرىلەش زىننەتلىك كالىندارى ھەققىدە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى | 10 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش جەمئىيىتى | ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش مەزمۇن قىلىندى |
| 99' شىنجاڭ فىنلاندىيە قۇرۇلۇش ماشىنىلىرى مۇھاكىمە يىغىنى | 10 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ تاشيول ئىلمىي جەمئىيىتى | فىنلاندىيىدىن 5 قۇرۇلۇش ماشىنىلىرى ياساش سودىگىرى تەكلىپ قىلىنىپ، مەھسۇلاتلارنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ئىشلىتىش ئۇنۇمى تونۇشتۇرۇلدى، ئىلمىي مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى |
| بۆرەك، مېڭە قان تومۇرلىرى كېسىلى، بۆرەك كېسىلى كىلىنىكىسى، مەقئەت - ئۈچەي بۆلۈمى ۋراچلىرى كۇرسى | 10 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ جۇڭيى دورىگەرلىك ئىلمىي جەمئىيىتى ش ئۇ ئا ر جۇڭيى دوختۇرخانىسى | جۇڭگوچە - غەربچە داۋالاشنى بىرلەشتۇرۇپ بۆرەك - مېڭە قان تومۇرى كېسىلىنى داۋالاشنىڭ مەملىكەت بويىچە تەرەققىيات ئەھۋالى، جۇڭيى دورىلىرى بىلەن بۆرەك كېسىلى، مەقئەت كېسىلىنى داۋالاش ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ئاساسىي مەزمۇن قىلىندى |
| شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ 10 - بەش يىللىق يىرىك پىلانى | 10 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادى ئىلمىي جەمئىيىتى | 10 - بەش يىللىق پىلاننىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق تەتقىقات خىزمىتى ئىشلەندى |
| غەيرىي ئاسترونومىيە ھادىسىلىرىنى كۆزىتىش | 11 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ ئاسترونومىيە ئىلمىي جەمئىيىتى | 33 يىلدا ئاز كۆرۈلىدىغان ئاقار يۇلتۇز يامغۇرى كۆزىتىلدى |
| ئۆگىنىش كۇرسى | 11 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ سۈپەت باشقۇرۇش جەمئىيىتى | GBT/T19000—ISO9000 ئۆلچەملىك بەلگە |
| شىنجاڭ كۆپىيىش ئەزالىرى سالامەتلىكى توغرىسىدا لېكسىيە | 11 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ ئالدىنى ئېلىش تېبابەتچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى | مەملىكەت ئىچىدىكى 7 مەشھۇر مۇتەخەسسىس ۋە 2 نەپەر چەت ئەللىك مۇتەخەسسىس دەرس ئۆتتى |

پىي ئەنمەك، شىي گوجىڭ، شىي شۈيەن

# تەبىئىي پەن

## ئېكولوگىيە، بايلىق

### شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، سۇ بايلىقىنى مۇۋاپىق تەقسىملەش ۋە ئۇنىڭ كۆتۈرۈش ئىقتىدارى ئۈستىدە تەتقىقات

بۇ تەتقىقات نەتىجىسى — دۆلەتنىڭ 9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى نۇقتىلىق پەن - تېخنىكا تۈرى (ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش) پىلانىدىكى «غەربىي شىمال رايونىنىڭ سۇ بايلىقىنى مۇۋاپىق ئېچىش ۋە ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش» تۈرىگە تەۋە بولغان مەخسۇس تېما. بۇنى جۇڭگو سۇچىلىق - سۇ ئېلېكتر پەن تەتقىقات يۇرتىنىڭ سۇ بايلىقى تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ سۇچىلىق - سۇ ئېلېكترىنى پىلانلاش - لايىھەلەش - باشقۇرۇش مەركىزى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى تاماملىدى. 1999 - يىل 4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى سۇچىلىق مىنىستىرلىكى ئۇيۇشتۇرغان باھالاشتىن ئۆتتى. تەتقىقات نەتىجىسىدە، شىنجاڭنىڭ سۇ بايلىقى مىقدارى، سۈپىتى ۋە ئۇنىڭ تارقىلىش قانۇنىيىتى، سۇ بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئەھۋالى ۋە ساقلىنىۋاتقان ئاساسلىق مەسىلىلەرنى ئېنىقلاش ئاساسىدا سۇ بايلىقىدىن پايدىلىنىش مىقدارى ئانالىز ۋە تەتقىق قىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ ئوخشاش بولمىغان مەزگىلدە، ئوخشاش بولمىغان ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ سۇ بايلىقىغا بولغان تەلىپى ھەمدە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش ۋە ياخشىلاشنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجى چوڭقۇر تەتقىق قىلىنغان، خەلق ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتا كېتىدىغان سۇ بىلەن ئېكولوگىيىلىك مۇھىتقا كېتىدىغان سۇنىڭ مۇناسىۋىتى ياخشى بىر تەرەپ قىلىنغان. سۇ بايلىقىنىڭ مۇۋاپىق تەقسىماتىنى تاللاشتا يولغا قويۇشقا بولىدىغان لايىھە ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مۇتەخەسسىسلەر شۇنداق ھېسابلىدىكى، بۇ تەتقىقات نەتىجىسى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشتا يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، كۆرۈنەرلىك ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ئۈنۈم بېرىدۇ، كەلگۈسىدە كېڭەيتىپ قوللىنىش قىممىتىگە ئىگە. ئۇنىڭدا سۇ بايلىقىنىڭ كۆتۈرۈش ئىقتىدارى، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتقا ئېھتىياجلىق بولغان سۇ ۋە سۇ بايلىقىنى مۇۋاپىق تەقسىملەش ئۈستىدىكى نەزەرىيىدە يېڭىلىق يارىتىلغان بولۇپ،

### تارىم دەرياسى ۋادىسىنى تەرتىپكە سېلىپ ئوخشاش ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى قوغداش ئۈستىدە تەتقىقات

بۇنى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى، چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى، تارىم دەرياسى ۋادىسىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى ئۈستىگە ئالغان، بۇ دۆلەتنىڭ 9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش تېمىسى بولۇپ، 1999 - يىل 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى سۇچىلىق مىنىستىرلىكى بىلەن شىنجاڭ پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە بېيجىڭدا باھالاپ بېكىتىلدى. باھالاش ھەيئىتى شۇنداق ھېسابلىدىكى، بۇ مەخسۇس تېمىدا سۇ بايلىقى تەتقىقاتى جەھەتتە مەنبە ئېقىنلىرى بىلەن غول ئېقىنلارنىڭ سۇ سەرپىياتىغا دائىر ئۆزگىچە ئەندىزە تۇرغۇزۇلۇپ، يېزا ئىگىلىكىدە سۇ سەرپىياتى ئاساس قىلىنىدىغان مەنبە ئېقىن رايونلىرى ۋە ئېكولوگىيە ئاساس قىلىنىدىغان غول ئېقىن رايونلىرىنىڭ سۇ سەرپىيات ئالاھىدىلىكى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، غول ئېقىنلاردىكى سۇنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش مودېلى ۋە سۇنىڭ ئايلىنىش مودېلى تۇرغۇزۇلغان، بۇ، ئىچكى قۇرۇقلۇقتا جايلاشقان قۇرغاق رايونلاردا 4 پەسىلدىكى سۇنىڭ ئايلىنىشىنى تەتقىق قىلىشتىكى يېڭى ئىلگىرىلەش ھېسابلىنىدۇ. بۇ تېما نەتىجىسىدە تارىم دەرياسىنىڭ غول ئېقىن رايونىغا دائىر تەتقىقات جەھەتتە يېڭى ئىلگىرىلەش ۋە يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلىنغان، ئۇ تارىم دەريا ۋادىسىنى پىلانلاش، تۈزەش، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش، ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەھەتتە مۇھىم قوللىنىش قىممىتىگە ئىگە، ئومۇمىي جەھەتتىن خەلقئارا ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن.

خۇ ۋېنكاڭ

### جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدىكى قۇرغاق رايونلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئۇنى تەڭشەش - تىزگىنلەش ئۈستىدە تەتقىقات

بۇ، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى، مائارىپ مىنىستىرلىكى بىرلىكتە تاللاپ كۆرسەتكەن تۈر بولۇپ، 1999 - يىل 10 - ئاينىڭ 11 - كۈنى پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئاخىرقى باھالاشتىن ئۆتۈپ، «دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق ئاساسىي تەتقىقات تەرەققىياتى پىلانى» (يەنى «973» پىلانى) نىڭ 2 - تۈركۈمدە تاللانغان تۈرلىرى قاتارىغا رەسمىي كىرگۈزۈلدى. بۇ —

شىنجاڭ بويىچە تۇنجى قېتىم ئەستىقلالغان ۋە شىنجاڭ تۇنجى قېتىم ئۈستىگە ئالغان دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق ئاساسىي تەتقىقات تۈرى. بۇ تۈرنىڭ يولغا قويۇلۇش مۇددىتى 5 يىل، خىراجەت سوممىسى 30 مىليون يۈەن بولۇپ، ئۇنى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئالدى، پروفېسسور پەن شياۋلىڭ باش مۇتەخەسسىس بولدى. بۇ تۈردە 9 تېما تەسىس قىلىندى، غەربىي قىسىمدىكى قۇرغاق رايونلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنىڭ شەكىللىنىشى، ئۆزگىرىشى، ئېكولوگىيە سىستېمىسىنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ئىقتىدارى، چۆل - چۆلۈك ئېكولوگىيىلىك مۇھىت مەسىلىلىرى، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى تەڭشەش - تىزگىنلەشتىن ئىبارەت 4 جەھەتتە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلىدۇ، قۇرغاق رايونلاردىكى ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىش جەريانى ۋە ئۇنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى، بوستانلىقنىڭ ئېكولوگىيە بىخەتەرلىك مېخانىزمى، قۇرغاق رايونلاردىكى ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ چېكىنىش مېخانىزمى، قۇرغاق رايونلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك سىستېمىسىنى تەڭشەش - تىزگىنلەش قاتارلىق ئاچقۇچلۇق ئىلمىي مەسىلىلەر ھەل قىلىنىدۇ. بۇ تەتقىقات تۈرىگە ئاپتونوم رايوننىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى 19 پەن تەتقىقات ئورنى، ئالىي مەكتەپلەردىن 100 گە يېقىن پەن - تېخنىكا خادىمى قاتناشتى، ئۇلار ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 43 ياشتا بولۇپ، بىرمۇنچە كۆپرەككى تەتقىقاتچى، پروفېسسور. بۇ تۈر 2000 - يىل 1 - ئايدا رەسمىي يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى.

خۇ ۋېنكاڭ

## يېزا ئىگىلىكىنى ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ يىرىك پىلانى ۋە تۈر ئامبىرى ئۈچۈر سىستېمىسى قۇرۇلۇشى

بۇ — ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى بىلەن ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىكى ئۇنىۋېرسال تەرەققىيات ئىشخانىسى بىكىتكەن تۈر، ئۇنى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى رىياسەتچىلىك قىلىپ، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكى ئۇنىۋېرسال تەرەققىيات ئىشخانىسى بىلەن بىرلىكتە تاماملىدى. 1999 - يىل 2 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان باھالاشتىن ئۆتتى.

تەتقىقات نەتىجىسىدە، شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئوتتۇرا، يېقىن مۇددەتلىك پىلانى ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرۇلغان؛ شىنجاڭنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن يېزا ئىگىلىكىنى ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇشتا يولغا قويۇشقا تېگىشلىك سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى، يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە كەسىپلەشتۈرۈش ئىستراتېگىيىسى، يېشىللىق ئىستراتېگىيىسى ۋە «ئۆزلەشتۈرۈش بىلەن ئۆزگەرتىشنى بىرلەشتۈرۈش، جەنۇب بىلەن شىمالنى تەڭ ھەرىكەتكە كەلتۈرۈش» ئىستراتېگىيىسى تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇلغان. پۈتۈن شىنجاڭ 13 تەرەققىيات رايونى (ۋادىلار، سۇغىرىش رايونى بويىچە) غا (بۇنىڭ ئىچىدە نۇقتىلىق تەرەققىيات رايونى 6، ئادەتتىكى تەرەققىيات رايونى 7)، 73 نۇقتىلىق تۈر (بىر تۇتاش رايون) گە ئايرىپ چىقىلغان، «ئېچىش تۈرلىرى ئۈچۈر كارتوچكىسى» ئىشلەپ چىقىلغان، «شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئېچىش ئومۇمىي پىلان تۈرى ئۈچۈر سىستېمىسى» تۈرغۇزۇلغان. مۇتەخەسسىسلەر شۇنداق دەپ ھېسابلىدىكى، تەتقىقات نەتىجىسىدە، شىنجاڭنىڭ ئۆزگىچە رايون ئەھۋالى چىقىش قىلىنغان، ئۇ زور رېئال ۋە يېتەكچى ئەھمىيەتكە ھەم نەزەرىيە قىممىتىگە ئىگە؛ ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى ئۇنى تەدبىر بەلگىلەشنىڭ مۇھىم ئاساسى قىلسا بولىدۇ. تەتقىقات نەتىجىسى زور يېڭىلىققا ئىگە بولۇپ، مەملىكەت بويىچە ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن.

يىن جىڭيۈەن

## قوش تۈپ، قوش قەۋەتلىك ئۆستۈرۈش يېڭى ئەندىزىسىدىن پايدىلىنىپ كېۋەزدىن يۇقىرى مەھسۇلات ئېلىشتا يېڭى رېكورت يارىتىلدى

بۇ — جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىيە باشلىقى فوندى ئالاھىدە ياردەم بېرىدىغان تۈر، «شىنجاڭدا كېۋەزنى ئىنچىل تۈردە ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى ھوسۇللۇق قىلىپ ئۆستۈرۈش ئۇنىۋېرسال تېخنىكىسىنى مۇجەسسەملەشتۈرۈپ ئۈلگە كۆرسىتىش قۇرۇلۇشى» چىرا ئۈلگە رايونى تېما گۇرۇپپىسى 1998 - يىلى يېڭىدىن ئۆزلەشتۈرۈلگەن 5.3 مو قۇملۇق يەردە مو بېشىدىن 236.25 كىلوگرام ساپ پاختا ئېلىپ، مەملىكەت بويىچە رېكورت ياراتقاندىن كېيىن، 1999 - يىلى 18.7 مولۇق 3 پارچە تەجرىبە ئېتىزىنىڭ مو بېشى ساپ پاختا مەھسۇلاتىنى 250 كىلوگرامدىن ئاشۇرغان، 5.3 مولۇق بىر پارچە تەجرىبە ئېتىزىدىن 257.8 كىلوگرام مەھسۇلات ئالغان. ئۆلچەشكە قارىغاندا، ئالاھىدە يۇقىرى مەھسۇلاتلىق كېۋەزلىكنىڭ مو بېشى ساپ كىرىمى 1400 يۈەندىن ئاشقان، ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخى 3 تىن بىر قىسمىدىن 2 دىن بىر قىسمىغىچە تۆۋەنلىگەن، 2 - دەرىجىلىك پاختا نىسبىتى %87 تىن كۆپرەككە يېتىپ، سۈپىتى ئەلا، مەھسۇلاتى ۋە

ئۈنۈمى يۇقىرى، تەننەرخى تۆۋەن بولۇش تەلىپى ئىشقا ئاشۇرۇلغان. كېۋەزدىن ئالاھىدە يۇقىرى مەھسۇلات ئېلىشنىڭ ئاچقۇچى تېخنىكا يارىتىشتا، پەن - تېخنىكا خادىملىرى تۈپلەرنى كۆپەيتىش ئاساس قىلىنغان تېخنىكا يولى ۋە «قوش تۈپ، قوش قەۋەتلىك» قىلىپ ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت يېڭى ئۈرنەكنى ياراتقان. كېۋەز ئۆستۈرۈشنىڭ بۇ خىل يېڭى ئەندىزىسى كېۋەز تېرىقچىلىقى ساھەسىدىكىلەرنى زىلزىلىگە سالدى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ باشلىقى لۇ يۇڭشياڭ بۇنىڭغا مۇھىم تەستىق سالدى.

خۇ ۋېنكاڭ

## لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈر يولىنىڭ شىخو - ئالاتاۋ تاغ ئېغىزى بۆلىكىدە قۇم - بوران ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈستىدە تەتقىقات

بۇ ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ 8 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى مۇھىم تەتقىقات تۈرى، بۇ تۈر جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ ئۈستىگە ئېلىشى، شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريول شىركىتىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن 7 يىلدا تاماملاندى. 1999 - يىل 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 17 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى. بۇ تەتقىقاتتا كۆپ يىلدىن بۇيان شىخو - ئالاتاۋ تاغ ئېغىزى بۆلىكى لىنىيىسى رايونىدىكى قۇم - بوران ئاپىتى ۋە كونكرېت يول بۆلىكى، ئاپەت بولىدىغان يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى، ئاپەتنىڭ شەكىللىنىشى، دەرىجىسى (دەرىجە ئايرىمىسى)، يول بويىدىكى يەرلەرنىڭ تۈزلۈش خۇسۇسىيىتى، قۇم بارخان تىپى، يېپىنچا ئۆسۈملۈك تىپى، تۈركۈم تەركىبى ۋە قاپلىنىش دەرىجىسى، يەر ئاستى سۇ بىلەن يەر ئۈستى سۇ مىقدارى، سۇ سۈپىتى، سۇ بىلەن تەمىنلەش شارائىتى، شامال ئەھۋالى، شامالدا يالىنىش ۋە جۇغلانما شامالنىڭ ئەتراپتىكى مۇھىت شارائىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئېبىنۇر كۆلى رايونىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت شارائىتىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى قاتارلىقلار ئۈستىدە كۆپ قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلغان، كۆپلىگەن ماتېرىياللار توپلانغان ھەمدە بۇ رايون بۆلىكىدە مېخانىكىلىق قۇم توسۇش - قۇم تۇراقلاندۇرۇش تەجرىبىسى ۋە قۇمنى تۇراقلاندۇرىدىغان ئورمان بەرپا قىلىش تەجرىبىسى ئېلىپ بېرىلغان. تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش گۇرۇپپىسى شۇنداق ھېسابلىدىكى، يۇقىرىقى تەجرىبە تەتقىقاتىدا توسۇش، تۇراقلاندۇرۇش، ئېنىقلاش تەلەپ ئېلىپ بېرىلغان، قۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا مېخانىكىلىق ئۇسۇل بىلەن بىئولوگىيىلىك ئۇسۇل بىرلەشتۈرۈلگەن، ئۇنىڭدا ئاۋۋال مېخانىكىلىق ئۇسۇل قوللىنىش، كېيىن بىئولوگىيىلىك ئۇسۇل قوللىنىش ھەمدە ئاپەت رايونى بىلەن قۇم مەنبە رايونىنى ئۈنۈۋېرسال تۈزەشكە تەڭ ئەھمىيەت بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش توغرا بولغان. قۇمدىن مۇداپىئەلىنىش - قۇمنى تۇراقلاندۇرۇش تەدبىرى جەھەتتە يېڭىلىق يارىتىلغان، قۇمدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈنۈمى گەۋدىلىك بولغان.

يىن جىڭيۈەن

## شىنجاڭ تۇدۇنخابا سۇ ئامبىرىدىكى لاتقىنى بوشىتىپ ئېقىتىپ تازىلاش - كونترول قىلىش ئۈستىدە تەتقىقات

بۇ تۈردە 1993 - يىلدىن بۇيان، تۇدۇنخابا دەريا ۋادىسىدىكى تاغلىق يەرلەرنىڭ يالىڭاچلىشى ۋە قۇمنى تىزگىنلەش ئۈستىدە نۇرغۇن دالا تەكشۈرۈشلىرى ئورۇن بەلگىلەپ كۆزىتىش ئېلىپ بېرىلىپ، ۋادىلاردا قۇمنى ئازايتىپ تىزگىنلەش، سۇ - تۇپراقنى ساقلاشنىڭ بىئولوگىيىلىك تەدبىرلىرى ۋە قۇرۇلۇش تەدبىرلىرى ئىلمىي يوسۇندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان، سۇ ئامبىرىدىكى لاتقىلارنى ئېقىتىپ تازىلاش لايىھىسى نەزەرىيە جەھەتتىن دەلىللەنگەن ھەمدە سۇ ئامبىرىدىكى لاتقىلارنى ئېقىتىدىغان سۇ كۈچى تەپسىلىي ھېسابلاپ چىقىرىلغان. تېما گۇرۇپپىسى 1999 - يىل 7 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە تۇدۇنخابا سۇ ئامبىرىدا بوشىتىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ لاتقىنى يۇيۇپ چىقىرىۋەتتى، سۇ ئامبىرىنىڭ 3 مىليون 228 مىڭ كۇب مېتىر سىغىمچانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈردى، بۇ 6 يىللىق لاتقىنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىغا تەڭ كېلىدۇ. سۇ ئامبىرىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن سىغىمچانلىقى يېڭىدىن قوشۇلغان بىر كىچىك 1 تىپلىق سۇ ئامبىرىغا تەڭ كېلىدۇ، تېما گۇرۇپپىسى دۆلەتكە 16 مىليون يۈەندىن 32 مىليون يۈەنگىچە مەبلەغ، 17 مىليون 754 مىڭ يۈەن تازىلاش ھەققى تېجەپ بەردى. بۇ تەتقىقات نەتىجىسىدىن پايدىلىنىپ، 3 يىلدىن 5 يىلغىچە تۇدۇنخابا سۇ ئامبىرىنىڭ سىغىمچانلىقىنى 12 مىليون كۇب مېتىر ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولىدۇ. بۇ تۈر 1999 - يىل 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە باھالاشتىن ئۆتتى. باھالاش ھەيئىتى بۇ تەتقىقات نەتىجىسى جۇڭگودىكى قۇرغاق رايونلاردا كۆپ لاتقىلىق دەريا ئېقىنلىرىنى توسۇپ، سۇ ئامبىرىدىكى لاتقىلارنى ئېقىتىپ تازىلاش تەتقىقاتىنى ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۈلگىسى، ئۇنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسى خەلقئارا ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن، تېخنىكىنىڭ ماسلىشىش دەرىجىسى يۇقىرى، مەشغۇلاتچانلىقى كۈچلۈك، ئەمەلىي قوللىنىش قىممىتى زور بولۇپ، كەڭ كۆلەمدە

كېڭەيتىپ قوللىنىش ئىستىقبالىغا ئىگە، دەپ ھېسابلىدى.

خۇ ۋېنكاڭ

## «100 كىشىلىك پىلان» نامزاتى ئاشكارا تەكلىپ قىلىندى

1999 - يىلى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەستىقى بىلەن، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى بوستانلىق ئېكولوگىيە ساھەسىدە «100 كىشىلىك پىلان» نامزاتىدىن بىرنى تۇنجى قېتىم ئاشكارا تەكلىپ قىلدى. تىزىمغا ئالدۇرۇش، تەكشۈرۈش ۋە دەسلەپكى باھالاش ئارقىلىق 4 نامزات ئويېكتى بېكىتىلدى، 5 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تەكلىپ قىلىش - مۇنازىرىلىشىش ئېلىپ بېرىلدى. باھالاش ھەيئىتىنىڭ ئەستايىدىل تەكشۈرۈشى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى بايلىق - مۇھىت ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى، پروفېسسور، دوكتور، دوكتور يېتەكچىسى جاڭ فۇسو تاللانغان خادىملار قاتارىغا كىردى. «100 كىشىلىك پىلان» جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان ئىلىم - پەن باشلامچىلىرىنى تەربىيىلەش پىلانى، تاللانغان خادىملار 2 مىليون يۈەن تەتقىقات ياردەم پۇلىغا ئېرىشىدۇ.

خۇ ۋېنكاڭ

## «شىنجاڭ ئۆسۈملۈك تەزكىرىسى» (5 - توم) نەشر قىلىندى

«شىنجاڭ ئۆسۈملۈك تەزكىرىسى» (5 - توم) 1999 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭ پەن - تېخنىكا - سەھىيە نەشرىياتى (K) تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. بۇ بىر يۈرۈش كىتابنىڭ 1 .، 2 .، 6 - توملىرى ئىلگىرى نەشر قىلىنغانىدى. بۇ كىتابنى نەشر قىلىشقا جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى رىياسەتچىلىك قىلدى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئورۇنلار يېزىش ئىشلىرىغا قاتناشتى. بۇ تومنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ئەن جىڭۋېن، ۋېي يەن، دىلشات، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىدىن شېن گۇەنمىيەن، شەنشى ئۇنىۋېرسىتېتى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدىن جەي داتۇڭ قاتارلىقلار يازغان، دۆلەت پەن - تېخنىكا ئەسەرلىرىنى نەشر قىلىش فوندى ياردەم بەرگەن. پۈتۈن كىتاب 122 رەسىملىك بەت، 620 مىڭ خەتتىن تەركىب تاپقان. بۇ تومدا ئاساسەن شىنجاڭدا ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈكلەرنىڭ 115 ئۇرۇقدىشى، 538 تۈرى، بىر كەنجى تۈرى، 39 ئۆزگەرگەن تۈرى تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن. ھەربىر ئۆسۈملۈك تۈرىنىڭ نامى، مورفولوگىيىسى، ئۆسۈش شارائىتى، ئۆسىدىغان جايلىرى ۋە ئىشلىتىلىش يوللىرى بايان قىلىنغان ھەمدە يېڭىدىن ئايرىلغان تۈر - تۈركۈملەرنىڭ خۇسۇسىيىتىگە دائىر لوتىنچە مەزمۇنلار، جۇڭگوچە نامى ئاچقۇچى، لاتىنچە قىسقارتىلغان ئاچقۇچى ھەمدە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، ئۆسۈملۈكناملىرىنىڭ سېلىشتۇرما ئاچقۇچى قوشۇمچە قىلىنغان. بۇ، مەزمۇنى مول، ئىلمىيلىكى كۈچلۈك، رەسىملەرنىڭ سىزىلىشىمۇ ۋە ئۇنىڭغا يېزىلغان خەتلەرمۇ ناھايىتى چىرايلىق، ماتېرىياللىرى ئىشەنچلىك، ئوقۇشچانلىقى كۈچلۈك بولغان بوتانىكا قورال كىتاب ھېسابلىنىدۇ.

يىن جىڭيۈەن

## ياشلار - ئۆسمۈرلەر پەن - تېخنىكا تەربىيە بازىسى

ش ئۇ ئا ر ياشلار - ئۆسمۈرلەر پەن - تېخنىكا پائالىيەت مەركىزى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۈرۈمچى ئاسترونومىيە پونكىتى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى قۇرغاق رايون بايلىقى ۋە مۇھىت پەن - تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيە بازىسى ۋە شىنجاڭ نېفىت گېئولوگىيە كۆرگەزمىخانىسىغا 1999 - يىل 12 - ئاينىڭ 9 - كۈنى پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكى، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى، مائارىپ مىنىستىرلىكى، جۇڭگو پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى «جۇڭگو ياشلار - ئۆسمۈرلەر پەن - تېخنىكا تەربىيە بازىسى» دەپ نام بەردى.

خۇ ۋېنكاڭ

# فىزىكا

## كارخانىلارنىڭ سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى سەرخىللاشتۇرۇش لايىھىسى ۋە تەكشۈرۈپ سۈرۈشتۈرۈشنىڭ سەرخىل ئۇسۇلى ئۈستىدە تەتقىقات

بۇ — جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ فىزىكا تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى لى شياۋ قاتارلىقلار ئۈستىگە ئالغان جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى ئەلا تۈرلەر قاتارىدا ياردەم بەرگەن تۈر. 1999 - يىل 11 - ئايدا جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسى ئۇيۇشتۇرغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى.

سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنىڭ سەرخىل لايىھىسى ئاساسەن سانلىق مەلۇمات ساقلىنىدىغان بوشلۇقنى پىلانلاش، سانلىق

مەلۇماتلارنى قېلىپلاشتۇرۇش، ئاچقۇچ قۇرۇلمىسى، توغرا تاللانغان دائىرە تېپىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى تەكشۈرۈپ سۈرۈشتۈرۈشنى سەرخىللاشتۇرۇشتا ئاساسەن ئەڭ ياخشى يولنى تاللاش ئارقىلىق SQL جۈملىسى ئىجرا قىلىنىدۇ.

سۈي پىڭ، چېن يەن

## دېتاللارنىڭ (CC4069) قاتتىق X نۇرى رادىئاتسىيىسى ئېففېكتى سىنىقى

بۇ — جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ فىزىكا تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئالغان، جۇڭگو ئالەم قاتنىشى سانائىتى باش شىركىتىنىڭ 1 - تەتقىقات يۇرتى ھاۋالە قىلغان تەتقىقات تۈرى. 1999 - يىل 6 - ئايدا دۆلەت ئالەم قاتنىشى مىنىستىرلىكىنىڭ 1 - تەتقىقات يۇرتى 14 - تەتقىقات ئورنى ئۇيۇشتۇرغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى. تەتقىقات تۈرىدە CC4069 ئالتە تەتۈر يۆنىلىشلىك ئەسۋاب ئەۋرىشكە ئورنىدا ئىشلىتىلىپ، دېتاللارنىڭ تۆۋەن ئېنېرگىيىلىك X نۇرى رادىئاتسىيە ئېففېكتى سىنىقى ئېلىپ بېرىلغان ھەمدە CO60γ نۇرىنىڭ نەتىجىسى بىلەن سېلىشتۇرۇلغان.

رادىئاتسىيىلىك ئېغىشى ۋە دورا مىقدارى ئوخشاش بولغان ئەھۋالدا، X نۇرى رادىئاتسىيىسى پەيدا قىلغان لەيلەپ سىلجىش ھەرىكىتى CO60γ نۇرىنىڭكىدىن يۇقىرى بولىدۇ، X نۇرى بىلەن γ نۇرىنىڭ دېتاللارنى زەخىملەندۈرۈش ئەھۋالىنى سېلىشتۇرغاندا، X نۇرىنىڭ رادىئاتسىيىلىك زەخىملەندۈرۈش سېزىمچانلىقى:

0. 00221v/GY Co60γ نۇرىنىڭ رادىئاتسىيىلىك زەخىملەندۈرۈش سېزىمچانلىقى 0. 000165V/GY بولغان. X نۇرىنىڭ دېتاللارنى زەخىملەندۈرۈشى Co60γ نۇرىنىڭ 13. 4 ھەسسىسىگە تەڭ بولغان.

سۈي پىڭ، چېن يەن

## ئالەم بوشلۇقى PMOS دورامېتىرى ئۈستىدە تەتقىقات

بۇ — جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ فىزىكا تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئالغان، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەمەلىي قوللىنىش - تەرەققىيات ئىدارىسى چۈشۈرگەن تەتقىقات تۈرى. 1999 - يىل 5 - ئايدا جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسى ئۇيۇشتۇرغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى. جۇغلانما ئىئونلۇق رادىئاتسىيىدىن زەخىملىنىش سۈنئىي ھەمراھنىڭ مىكرو ئېلېكترون سىستېمىسى ئىقتىدارىنىڭ چېكىنىشى ۋە كۈچتىن قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان مۇھىم ئامىلىنىڭ بىرى، ئومۇمىي دورا مىقدارىنى كۆزىتىپ ئۆلچەشنىڭ ئىلغار تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلىپ بارلىققا كەلتۈرۈش جۇڭگونىڭ ھازىرقى سۈنئىي ھەمراھ تېخنىكىسىنى راۋاجلاندۇرۇشتا رېئال ئەھمىيەتكە، تەخىرسىزلىككە ئىگە. ئۇ، سۈنئىي ھەمراھنىڭ بىخەتەر ئايلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئۆمۈرىنى ئۇزارتىش، ئالەم بوشلۇقىنىڭ رادىئاتسىيىلىك مۇھىتىنى تەتقىق قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان تېخنىكا ۋاستىسى ھېسابلىنىدۇ. PMOS دورامېتىرى ھەجمى كىچىك، ئېنېرگىيە سەرپىياتى تۆۋەن، ئۆلچەش ئاسان، ئىشەنچلىكلىكى يۇقىرى، ۋاقىتنى ئۆلچەش ئەمەلىي بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغاچقا ئالەم بوشلۇقىدا قوللىنىشقا باب كېلىدۇ.

بۇ تەتقىقاتتا تۆۋەندىكى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن: بىرىنچى، دورامېتىرنىڭ ئاچقۇچلۇق ئەمەلىي تېخنىكىسى (تېمپېراتۇرا تولۇقلاش، ماس ئۆلچىمىنى بېكىتىش) جەھەتتە بۆسۈش ھاسىل قىلىنغان؛ ئىككىنچى، سۈنئىي ھەمراھتا ئىشلىتىلىدىغان PMOS دورامېتىرنى تەتقىق قىلىپ ياساشنىڭ مۇۋاپىق لايىھىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان؛ ئۈچىنچى، رادىئاتسىيىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان سەزگۈرلۈك دەرىجىسى، سىزىقلىق دەرىجىسى ۋە تۇراقلىق خۇسۇسىيىتىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان مېخانىزم قولغا كەلتۈرۈلگەن؛ تۆتىنچى، سۈنئىي ھەمراھتا ئىشلىتىلىدىغان دورامېتىر ئېلىمىزدە تۇنجى قېتىم تەتقىق قىلىنىپ ياسالغان، ئۇنىڭ ئىقتىدار كۆرسەتكۈچى چەت ئەلنىڭ شۇ خىلدىكى مەھسۇلاتى بىلەن ئوخشاش، تېخنىكا يېڭىلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئۇنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىنىڭ مەملىكەت ئىچىدە تۇنجى قېتىم يارىتىلغانلىقىنى كۆرسەتتى، ئۇنىڭ نەتىجىسى خەلقئارا ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن.

سۈي پىڭ، چېن يەن

## يېرىم ئۆتكۈزگۈچ رادىئاتسىيە فىزىكىسى - ئارىلاشما يېڭى ۋاستىچى ماددا رادىئاتسىيىسى بىلەن ئىسسىقلىق توشۇغۇچى زەرەتنىڭ زەخىملىنىش مېخانىزمى

بۇ، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ فىزىكا تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى رېن دىيۈەن، جاڭ گوچياڭلار ئۈستىگە ئالغان، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى چۈشۈرگەن ئاساسىي تەتقىقاتنى كۈچەيتىش فوندى تۈرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ تۈر 1999 - يىل 11 - ئايدا جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيۇشتۇرغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى.

تەتقىقات نەتىجىسى قىسقا يوللۇق، نېپىز مېتىكىلىق دېتاللارنى تەتقىق قىلىپ ياساش ھەمدە LSI توك يوللىرىنىڭ ئىئونلىنىشتىن پەيدا بولىدىغان رادىئاتسىيىلىك زەخىملىنىش، ئىسسىقلىق توشۇغۇچى زەرەتلەرنىڭ زەخىملىنىشكە بەرداشلىق

بېرەلەيدىغان F.N ماددىلىرىنى ئارىلاشتۇرۇش ئۇسۇلى، مۇندەر - سەنئەت تېخنىكىسىنى ئۆستۈرۈش بىلەن نەزەرىيە جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىشتا مەملىكەت ئىچىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرغان. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ، جۇڭگونىڭ ئالەم قاتنىشى بىلەن ھەربىي ئىشلار ساھەسىدە رادىئاتسىيىگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ئىسسىقلىق توشۇغۇچى زەرەتلەرنى تەتقىق قىلىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرگەن، ئۇ دۆلەت مۇداپىئە ھەربىي ئىشلار تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتى ۋە يۈكسىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە زور ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە.

سۈي پىڭ، چېن يەن

## MOS قۇرۇلمىلىق ئىسسىقلىق توشۇغۇچى زەرەتنىڭ زەخىملىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئىئونلىنىشتىن پەيدا بولىدىغان رادىئاتسىيىلىك زەخىملىنىش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈستىدە تەتقىقات

بۇ، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ فىزىكا تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى رېن دىيۈەن قاتارلىقلار ئۈستىگە ئالغان، دۆلەت مۇداپىئە پەن - تېخنىكا سانائىتى كومىتېتىنىڭ تەتقىقات تۈرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ تۈر 1999 - يىلى 11 - ئايدا دۆلەت مۇداپىئە پەن -تېخنىكا سانائىتى كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى. بۇ تۈردە MOS قۇرۇلمىسىنىڭ ماكرولۇق ئېلېكتر پارامېتىرى ئۆزگىرىشى، مىكرو ئوكسىدلىق زەرەت ھاسىل بولۇشى، ئېنېرگىيە تارقىلىشى قاتارلىق نۇقتىئىنەزەرلەر جەھەتتىن MOS قۇرۇلمىسى ۋە دېتاللاردىكى ئىسسىقلىق توشۇغۇچى زەرەتنىڭ تەسىر خۇسۇسىيىتى، زەخىملىنىش مېخانىزمى ھەمدە ئىسسىقلىق توشۇغۇچى زەرەت زەخىملىنىشىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى بويىچە رادىئاتسىيىلىك زەخىملىنىش بىلەن بولغان باغلىنىشلىقى، ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىشى قاتارلىقلار تەتقىق قىلىنغان.

بۇ تۈرنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىدە MOS قۇرۇلمىسى ۋە دېتاللاردىكى ئىسسىقلىق توشۇغۇچى زەرەتلەرنىڭ ماسلىشىش خۇسۇسىيىتى، زەخىملىنىش مېخانىزمى ھەمدە ئومۇمىي مىقدار بويىچە رادىئاتسىيىلىك زەخىملىنىشنىڭ باغلىنىشلىق خۇسۇسىيىتى، ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىش خۇسۇسىيىتى قاتارلىقلار ئۈستىدە يەنىمۇ چوڭقۇر تونۇش ھاسىل قىلىنغان.

سۈي پىڭ، چېن يەن

## كۆپ يوللۇق سپېكتروگرافىنىڭ يىراقتىن كونترول قىلىنىدىغان سانلىق مەلۇمات ساقلاش سىستېمىسى تۈرغۇزۇلدى

بۇ، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ چوڭ تىپتىكى ئەسۋابلارنىڭ ئىقتىدارىدىن پايدىلىنىش تۈرى بولۇپ، بۇنى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ فىزىكا تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئالغان. بۇ، 1999 - يىلى 3 - ئايدا جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسى ئۇيۇشتۇرغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى. بىر ئۇلاش ئېغىزى ۋە سانلىق مەلۇمات ساقلاش قۇرۇلمىسىنى تەتقىق قىلىپ ئىشلەش بۇ تۈرنىڭ ئاچقۇچى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدا كۆپ يوللۇق ئانالىزاتورنى كومپيۇتېرلاشتۇرۇش ئىشى تاماملانغاندىن كېيىن، يەنە بىر يۈرۈش سانلىق مەلۇمات ساقلاش سىستېمىسى تۇرغۇزۇلغان. ئۇنىڭ رولى كومپيۇتېرنىڭ ساقلاش سىستېمىسى بىلەن ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تۇرغۇزۇلۇشى 8180 تىپلىق كۆپ يوللۇق ئانالىزاتور ئۈچۈن مۇستەقىل، بىر - بىرىگە كاشىلا قىلمايدىغان 2 يۈرۈش سانلىق مەلۇمات ساقلاش سىستېمىسىنى تۇرغۇزۇشتا، يۇرۇقلۇق سپېكتروگرافتا ساقلاش ۋاستىسىنى كېڭەيتىپ، سانلىق مەلۇماتلار يوقىلىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن رادىئاكتىپلىق ئىزوتوپ ئامبىرى تۇرغۇزۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇنىڭدا كۆپ يادرولۇق ئەۋرىشكىلەرنى ئانالىز قىلىش ئىشى ئۈنۈملۈك ۋاستە بىلەن تەمىن ئېتىلگەن. دەسلەپكى كۆپ يوللۇق ئانالىزاتور بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، زامانىۋىلاشتۇرۇلغان كۆپ يوللۇق كومپيۇتېردا ئۆلچەپ ئانالىز قىلىش سىستېمىسى شەكىللەندۈرۈلۈپ، ئىقتىدارى چەكلىك بولغان ئەسلىدىكى 8180 تىپلىق كۆپ يوللۇق ئانالىزاتور زامانىۋى سپېكتراق ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىنىپ، ئۇنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى كېڭەيتىلگەن.

سۈي پىڭ، چېن يەن

## شىنجاڭ تېببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى 1 - دوختۇرخانىسىنىڭ كومپيۇتېر ئۇچۇر سىستېمىسى

بۇ، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ فىزىكا تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئالغان ھاۋالە تۈرى بولۇپ، 1999 - يىلى 6 - ئايدا شىنجاڭ تېببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيۇشتۇرغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى. بۇ تۈردە ئاساسەن كېسەلخانا ۋە دورا بۆلۈمىدىن ئىبارەت 2 ئاچقۇچلۇق تارماقنىڭ خىزمىتىنىڭ تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈش، داۋالاش، دورا قاتارلىق تۈرلىرىنى كومپيۇتېر ئارقىلىق باشقۇرۇش، بارلىق تۈرلەرنىڭ ھەممە خىراجىتىنى مەخسۇس بىر تارماق بىر تۇتاش باشقۇرۇش تەلىپى ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ توغرىلىقى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، بىمارلارنىڭ دوختۇرخانىغا بولغان ئىشەنچىسى ئاشۇرۇلغان. بۇ سىستېمىغا «ۋېيرۇەن»

شىركىتىنىڭ SQL —Server6.5 سانلىق مەلۇمات ئامبىرى سىستېمىسى ئىشلىتىلگەن، باش قىسىمىغا ئوبيېكتلارغا يۈزلەنگەن ئۆزلەشتۈرگۈچى سايمان ئىشلىتىلگەن، ئۇ، ھازىرقى ئەڭ يېڭى ئۆزلەشتۈرۈش ئۇسۇلى ۋە سانلىق مەلۇمات ئامبىرى سىستېمىسى ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭدا ئۆزلەشتۈرۈش ئۇسۇلى ۋە قوللىنىش جەھەتتە تامامەن Cliernt/Server شەكلى ئىشلىتىلىدۇ، مەيلى تېخنىكا سەۋىيىسى ياكى قوللىنىش سەۋىيىسى بولسۇن ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار سەۋىيىگە ئىگە.

سۇي پىڭ، چېن يەن

## تېمپېراتۇرا دائىرىسى كەڭ، سىزىقلىق ئالماشتۇرۇلىدىغان بىرلەشمە دېتال ۋە ئۇنىڭ پىرىبورى

بۇ جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ نۇقتىلىق تەتقىقات تېمىسى بولۇپ، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ فىزىكا تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى چېڭ جياچى ئۈستىگە ئالغان. 1999 - يىل 11 - ئايدا جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسى ئۇيۇشتۇرغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى. بۇ تۈرنىڭ مۇھىم نۇقتىسى شۇكى، سىزىقلىق ئالمىشىدىغان تېرمو قارشىلىق بىرىكمە دېتاللىرىنى كەڭ تېمپېراتۇرا دائىرىسىگە، يۇقىرى دەرىجىدە سىگنال چىقىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت قىيىن مەسىلە ھەل قىلىنغان ھەمدە ئۇ ئەمەلىيەتتە قوللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىنغان، بۇنىڭ بىلەن جۇڭگونىڭ بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقى تولدۇرۇلغان. بۇ مەھسۇلات پارقازانلارنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەش - تىزگىنلەش، تۆمۈريوللاردا ئوق قازاننىڭ تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەش قاتارلىق ساھەلەردە ئىشلىتىلدى، ئۆزگىچە بارلىققا كەلتۈرۈلگەن پارقازانلارنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى ئايلىنىپ تەكشۈرۈش ئەسۋابىنىڭ تەننەرخى تۆۋەن، قۇرۇلمىسى ئاددىي، ئەمەلىي قوللىنىشچانلىقى كۈچلۈك بولۇپ، ئالاھىدە كېڭەيتىش قىممىتىگە ئىگە.

«سىگنال چىقىرىشى يۇقىرى، تېمپېراتۇرا دائىرىسى كەڭ بولغان سىزىقلىق ئالماشما بىرىكمە دېتاللار سىگنال چىقىرىشى كۈچلۈك، تەننەرخى تۆۋەن، ئىقتىدارى مۇقىم بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە، ئۇنى خىمىيە سانائىتى، يېمەكلىك، پارقازان، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى، داۋالاش - سەھىيە قاتارلىق ساھەلەردە كەڭ قوللىنىشقا بولىدۇ، ئۇ كېڭەيتىش قىممىتىگە ئىگە بىر خىل يېڭى تىپتىكى دېتال ھېسابلىنىدۇ.

سۇي پىڭ، چېن يەن

## پىۋا كوزىلىرىنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى كومپيۇتېر ئارقىلىق ئۆلچەش - تىزگىنلەش سىستېمىسى

بۇ شىخو پىۋا گۇرۇھى شىركىتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ فىزىكا تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئالغان تۈر بولۇپ، 1999 - يىل 10 - ئايدا شىنجاڭ شىخو پىۋا گۇرۇھى شىركىتى ئۇيۇشتۇرغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى. بۇ تۈردە ھەربىر ئېچىتقۇ كوزىسىنىڭ تېمپېراتۇرىسى يەككە تاختىلىق كومپيۇتېر ئارقىلىق ئۆلچەپ چىقىلىدۇ. ئاخىرىدا تېمپېراتۇرا كومپيۇتېر ئارقىلىق مەركەزلىك كونترول قىلىنىدۇ. بۇ تېمپېراتۇرىنى ئۆلچەش - تىزگىنلەش كومپيۇتېر سىستېمىسى پىۋا ئىشلەپچىقىرىشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئىلغار ئۈسكۈنە ھېسابلىنىدۇ، ئەگەر كومپيۇتېر توختاپلا قالسا ئىشلەپچىقىرىشقا ئېغىر تەسىر يېتىدۇ. شۇڭلاشقا يەنە بىر يۈرۈش زاپاس ئۈسكۈنە — 32 ئېكرانلىق تېمپېراتۇرىنى ئايلىنىپ تەكشۈرۈش ئەسۋابى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقىلغان، ئىشلەتكەندە ئۇ 32 پىۋا كوزىسىنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى تەڭلا كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ، ئۇنى كومپيۇتېرنىڭ تېمپېراتۇرا ئۆلچەش - تىزگىنلەش سىستېمىسى بىلەن بىرگە ئىشلىتىشكە بولىدۇ، سىستېمىدىن ئاجرىتىپ يەككە ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ.

بۇ تۈردە يەنە 32 پارچە تىزگىنلەش تاختىسى لايىھىلىنىپ ياساپ چىقىلغان بولۇپ، تىزگىنلەش تاختىسىغا بېسىم بىلەن ئېقىمنىڭ ئېشىپ كېتىشىدىن مۇھاپىزەت قىلىش ئۈسكۈنىسى، ئاۋاز - نۇر سىگنالى ئورنىتىلغان، يېرىم يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىشلىتىشتە ئۇنۇمى ناھايىتى ياخشى بولدى، كارخانىلارغا كۆپلىگەن ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئېلىپ كەلدى. رېمونت خىراجىتى تېجەپ بەردى.

سۇي پىڭ، چېن يەن

## تېمپېراتۇرانى ئېلېكترونلۇق فارفور ماتېرىياللاردىن ياسالغان مىكرو دولقۇنلۇق كۆيدۈرۈش قۇرۇلمىسى ئارقىلىق ئۆلچەش - تىزگىنلەش

بۇ، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەجرىبە تەرەققىيات تۈرى بولۇپ، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ فىزىكا تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى تاۋ مىڭدې قاتارلىقلار ئۈستىگە ئالغان. بۇ تۈر 1999 - يىل 11 - ئايدا جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسى ئۇيۇشتۇرغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى. بۇ تۈردە يۇقىرى تېمپېراتۇرىغا، قىزدۇرۇپ زەربە بېرىشكە چىدامىلىق بولغان، ئۆتكۈزۈلۈشچانلىقى ئاقايىل تۆرالايدىغان تولۇق قايتما مىكرو

دولقۇنلۇق يېپىق قاپلىما ۋە قوش پلاتىنا - رودىي، پلاتىنالىق تېرمو ئېلېمېنتتىن پايدىلىنىپ كۆيدۈرۈلىدىغان ئەۋرىشكىلەرنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى بىۋاستە توپلاپ، سانلىق مەلۇماتلار كومپيۇتېردا بىر تەرەپ قىلىنغان، سانلىق مەلۇمات ئارقىلىق ھەرپلىك سىگنال قايتۇرۇپ، مىكرو دولقۇننىڭ قۇۋۋىتى تىزگىنلىنىپ، ئاپتوماتىك تىزگىنلەش ئىشقا ئاشۇرۇلغان. ئىسسىقلىق قېچىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ تىزگىنلەشتە، مىكرودولقۇنلۇق مەيداننى توسۇش ۋە مۇجەل كونترول قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. بۇ سىستېمىنىڭ تېمپېراتۇرا ئۆلچەشتىكى نازۇكلۇق دەرىجىسى ℃5± قا، تېمپېراتۇرا تىزگىنلەشتىكى نازۇكلۇق دەرىجىسى ℃10± قا يەتكەن.

بۇ سىستېمىدا NTC ئىسسىقلىقتا سەزگۈر ماتېرىياللار، PTC ئىسسىقلىقتا سەزگۈر ماتېرىياللار، $BaTiO_3$ بېسىمغا سەزگۈر ماتېرىياللار ۋە ZnO توك بېسىمىغا سەزگۈر ماتېرىياللار ئىشلىتىلىپ، قارفور ھالەتكە كەلتۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش يولى بىلەن زىچلىق دەرىجىسى يۇقىرى، ئېلېكتر ئىلمىي خۇسۇسىيىتى تەكشى، قۇرۇلمىسى كۆڭۈلدىكىدەك بولغان ئىقتىدارلىق ئېلېكترونلۇق فارفور ماتېرىياللار قولغا كەلتۈرۈلگەن. تەجرىبە ئارقىلىق بۇ سىستېمىنىڭ تېخنىكىسى ئىشەنچلىك، ئىقتىدارى تۇراقلىق بولغانلىقى، ئۇنى ئېلېكترونلۇق فارفور ماتېرىياللارنى تەتقىق قىلىش ۋە سېنزورماتېرىياللىرىنى ئىشلەپچىقىرىشتا قوللىنىشقا بولىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى.

سۈي يىلىڭ، چېن يەن

## بىخەتەرلىك تېخنىكىسى بويىچە مۇداپىئە كۆرۈش قۇرۇلۇشى

بۇ، جۇڭگو قۇرۇلۇش بانكىسى ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ فىزىكا تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئالغان نەتىجىلەردىن پايدىلىنىش تۈرى. بۇ تۈر 1999 - يىل 11 - ئايدا قۇرۇلۇش بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى ئۇيۇشتۇرغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى. شىنجاڭ فىزىكا تەتقىقات ئورنى 1997 - يىلدىن 1999 - يىلغىچە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە 8 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ 250 تارمىقى، تارماق ئىش باشقارمىسى، پۇل ئامانەت ئورنىغا يېپىق يوللۇق تېلېۋىزىيە ئارقىلىق نازارەت قىلىش - كونترول قىلىش سىستېمىسىنى قۇراشتۇرۇپ بەردى، توختام سوممىسى 10 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1999 - يىلى 6 مىليون يۈەن بولدى. بارلىق قۇرۇلۇش جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى ۋە قۇرۇلۇش بانكىسى ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى ئۇيۇشتۇرغان باھالاشتىن ئۆتتى. ئامانەت پۇلنى كۆز بويابا ئېلىۋېلىشقا ئورۇنغانلاردىن 10 نەچچە ئادەم (قېتىم) قولغا چۈشۈرۈلدى، بانكا خادىملىرىنىڭ ھەرىكەتتى ئۈنۈملۈك تىزگىنلىنىپ، بانكىنىڭ ئىناۋىتى ئۆستۈرۈلدى، مەلۇم ئىقتىسادىي - ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

سۈي يىلىڭ، چېن يەن

# ئاسترونومىيە

## ئۈرۈمچى 25 مېتىرلىق رادىئو تېلېسكوپ سىستېمىسى

بۇ — جۇڭگو بويىچە تەلىڭ ئۆزۈن ئاساسىي لىنىيىلىك رادىئو ئىنتېرفېرېنسىيە (VLB I) تورى 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشى ئاساسىي تەركىبىي سىستېمىسىنىڭ بىرى، ئۇ، يۇشەن 25 مېتىرلىق VLB I سىستېمىسىدىن كېيىن قۇرۇلغان دىئامېتىرى 25 مېتىر كېلىدىغان كۆپ دولقۇنلۇق، كۆپ ئىقتىدارلىق رادىئو تېلېسكوپ بولۇپ، 1999 - يىل 9 - ئايدا جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىيە دەرىجىلىك تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ۋە باھالىشىدىن ئۆتتى.

ئۈرۈمچى 25 مېتىرلىق رادىئو، تېلېسكوپ سىستېمىسى 1994 - يىلدىن بۇيان، EVN (ياۋروپا VLBI تورى)، IVS (يەر شارى دىنامىكىسى گېئودېزىيە تورى)، LFVN (روسىيە VLB I تۆۋەن چاستوتا تورى) قاتارلىق VLB I خەلقئارا ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا قاتناشتۇرۇلدى، APSG (ئاسىيا - تىنچ ئوكيان دىنامىكىسى گېئودېزىيە پىلانى)، CORE (دىنامىكا گېئودېزىيە پىلانى)، DOSE (قاتتىق جىسىم يەر شارى پىلانى) قاتارلىق كۆپلىگەن VLB I خەلقئارا ھەمكارلىق پىلانىدىكى خەلقئارالىق بىرلەشمە ئۆلچەش ئىشلىرىغا قاتناشتۇرۇلدى، زور ئىلىم - پەن قۇرۇلۇشى جۈملىسىدىكى «جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ھازىرقى زامان يەر پوستى ھەرىكىتىنى كۆزىتىش تورى»، دۆلەتنىڭ يۇقىرى پەللىگە ئۆرلەش پىلانى جۈملىسىدىكى «ھازىرقى زامان يەر پوستى ھەرىكىتى ۋە ئاسترونومىيىلىك يەر شارى دىنامىكىسىنى كۆزىتىش ۋە تەتقىق قىلىش» تىن ئىبارەت كۆزىتىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. ئۈرۈمچى ئاسترونومىيە پونكىتى ئۆزگىچە جۇغراپىيىلىك ئورۇنغا ئىگە بولغانلىقتىن، خەلقئارا VLBI تورى ئىچىدە بىر ئورۇنغا ئىگە بولدى. بۇ سىستېمىنىڭ قۇرۇلۇشى جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال رايونلىرىدا نازۇكلۇق دەرىجىسى يۇقىرى يەر ئۈستى

ئۆلچەملىك نۇقتىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئاسترو فىزىكىسى، ئاسمان جىسىملىرىنى ئۆلچەش، يەر شارى دىنامىكىسى تەتقىقاتى ھەمدە جۇڭگودا گېئودېزىيىلىك ئۆلچەش خىزمىتى ئېلىپ بېرىشتا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

جاڭ جىن، ما لۇ

## ئىمپۇلس يۇلتۇزىنىڭ يېتىپ كېلىش ۋاقتىنى كۆزىتىش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى

1999 - يىل 5 - ئايدا جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۈرۈمچى ئاسترونومىيە پونكىتى، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شياڭگاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، ئاۋستىرالىيە دۆلەتلىك رادىئو رەسەتخانىسى ۋە ئەنگلىيە JodrellBank رادىئو رەسەتخانىسى ھەمكارلىشىپ يولغا قويغان خەلقئارا ھەمكارلىق تېمىسى — ئىمپۇلس يۇلتۇزىنىڭ يېتىپ كېلىش ۋاقتىنى 18 سانتىمېتىرلىق دولقۇن بۆلىكىدە «ئۈرۈمچى 25 مېتىرلىق رادىئو تېلېسكوپى ئارقىلىق كۆزىتىش ئۈستىدە تەتقىقات» نىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالى ئوڭۇشلۇق بولدى. 3 دۆلەتتىكى بەش تەرەپ بىرلىكتە بەرپا قىلغان، ئىمپۇلس يۇلتۇزىنىڭ يېتىپ كېلىش ۋاقتىنى كۆزىتىدىغان بىر يۈرۈش 18 سانتىمېتىرلىق رەڭسىز چاچما سىستېما ئۈرۈمچى ئاسترونومىيە پونكىتىنىڭ 25 مېتىرلىق رادىئو تېلېسكوپىدا سىناق تەرىقىسىدە كۆزىتىشكە كىرىشتۈرۈلدى، ئەڭ ئاجىز ئوتتۇرىچە ئېقىن زىچلىقى 3.7mJy (مىللىياتىسكى) ئىمپۇلس يۇلتۇزى كۆزىتىلىپ، مۆلچەردىكى 10mJy دەرىجىسىدىن ياخشى نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلۈپ، بۇ باسقۇچلۇق ۋەزىپە مۇددەتتىن بۇرۇن ئورۇندالدى.

جاڭ جىن، ما لۇ

## يۇقىرى ئېنېرگىيە ئاستروفىزىكىسى خەلقئارا مۇھاكىمە يىغىنى

جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى — گېرمانىيە ماپو ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 5 - نۆۋەتلىك يۇقىرى ئېنېرگىيە ئاستروفىزىكا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى 1999 - يىل 9 - ئاينىڭ 20 — 25 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يۇقىرى ئېنېرگىيە ئاستروفىزىكا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى 1982 - يىلدىن باشلاپ جۇڭگو بىلەن گېرمانىيىدە نۆۋەت بىلەن 5 قېتىم ئېچىلدى. بۇ قېتىمقى يىغىنغا جۇڭگو بىلەن گېرمانىيىنىڭ ئاسترو فىزىكا تەتقىقاتى ساھەسىدىكى 40 تىن ئارتۇق مۇتەخەسسىس ۋە ئالىم قاتناشتى. بۇنىڭ ئىچىدە گېرمانىيە تەرەپتىن 11 ئالىم بار. يىغىندا گېرمانىيە ئالىملىرى 30 قېتىم ئىلمىي دوكلات (ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان دوكلاتمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) بەردى، 7 پارچە تام گېزىتى چىقىرىلدى.

مۇتەخەسسىس، ئالىملار ئاستروفىزىكىنىڭ يۇقىرى ئېنېرگىيىلىك جەريانى ئۈستىدىكى تەتقىقاتتا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان قولغا كەلتۈرگەن بىر قاتار نەتىجىلەرنى تونۇشتۇردى، جۇڭگو - گېرمانىيە ئىككى تەرەپنىڭ يەنىمۇ ھەمكارلىشىش يۆنىلىشى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ باردى.

جاڭ جىن، ما لۇ

## ئەسەد يۇلتۇز تۈركۈمىدىكى ئاقار يۇلتۇز يامغۇرى كۆزىتىلدى

1999 - يىلى ئەسەد يۇلتۇز تۈركۈمىدىكى ئاقار يۇلتۇز يامغۇرى يەر شارىغا يەنە بىر قېتىم يېقىنلاشتى. جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۈرۈمچى ئاسترونومىيە پونكىتى بىلەن شىنجاڭ ئاسترونومىيە جەمئىيىتى ئاقار يۇلتۇز يامغۇرىنى كۆزىتىش بويىچە كونسۇلتاتسىيىچىلەر كۇرسى ئېچىپ، كۇرسانتلارنى كۆزىتىشنى مەشىق قىلىشقا ئۇيۇشتۇردى. 11 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ، بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئوتتۇرا مەكتىپىدىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئۈرۈمچى نەنشەن كۆزىتىش پونكىتىغا بېرىپ، ئەسەد يۇلتۇز تۈركۈمىدىكى ئاقار يۇلتۇز يامغۇرىنى كۆزەتتى. 18 - كۈنى تاڭ سەھەر سائەت 1 دىن 36 مىنۇت ئۆتكەندىن تارتىپ ئەتىگەن سائەت 8 دىن 20 مىنۇت ئۆتكەنگە قەدەر گۇرۇپپا ئىچىدىكى جەمئىي 450 تىن ئارتۇق ئاقار يۇلتۇزنى كۆزەتتى. ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى باشقا ئاسترونومىيە گۇرۇپپىلىرىمۇ ئايرىم - ئايرىم ھالدا شۇيشىگۇ، بەنفاڭگۇ قاتارلىق جايلاردا كۆزىتىش ئېلىپ باردى.

جاڭ جىن، ما لۇ

## ئۈرۈمچى ئاسترونومىيە پونكىتى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ بىلىمدە يېڭىلىق يارىتىش بويىچە سىناق نۇقتىسى قىلىندى

گوۋۇيۈەن جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ «بىلىمدە يېڭىلىق يارىتىش قۇرۇلۇشى» نى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى يولغا قويۇشنى تەستىقلىدى. ئالدىنقى باسقۇچتا 12 تۈر بويىچە يېڭىلىق يارىتىش بازىسى نۇقتىسىدا سىناق قىلىش باشلاندى. ئۈرۈمچى ئاسترونومىيە پونكىتىنىڭ 25 مېتىرلىق رادىئو تېلېسكوپ ئارقىلىق كۆزىتىش پونكىتى 5 كۆزىتىش بازىسىنىڭ بىرى سۈپىتىدە، دۆلەت ئاسترونومىيىلىك كۆزىتىش مەركىزى قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ يېڭىلىق يارىتىش قۇرۇلۇشى بويىچە تۇنجى تۈركۈمدىكى سىناق نۇقتىسىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. 4 - ئايدا ئۈرۈمچى ئاسترنومىيە پونكىتى بارلىق خادىملارنى توختاملىق تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، 8 - ئايدا ئوڭۇشلۇق ئاياغلاشتۇردى.

1999 - يىلى ئۈرۈمچى ئاسترونومىيە پونكىتىدىكى 16 پەن تەتقىقات خادىمى باھالاش گۇرۇپپىسى ئېلىپ بارغان

مۇنازىرە سىنىقىدىن ئۆتۈپ، باش مۇتەخەسسىس تەرىپىدىن تەكلىپ قىلىنىپ، بېكىتىلىق يارىتىش قۇرۇلۇشىغا قاتناشتى.

جاڭ جىن، ما لۇ

## دېھقانچىلىق

### قاراشەھەر دەرياسى، كۆنچى دەرياسى ۋادىسىدا دېھقانچىلىقتىن يۇقىرى مەھسۇلات ئېلىش

بۇنى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىكىنى ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشخانىسى چوشۇرگەن بولۇپ، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى يادرو تېخنىكا - بىئو تېخنىكا تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىقتىسادىي زىرائەت تەتقىقات ئورنى بىرلىكتە ئۈستىگە ئېلىپ ئورۇندىدى. بۇ تۈر 1999 - يىل 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

بۇ تۈردە ئۇرۇقنى كومۇلاچلاش تېخنىكىسى، تۇپراقنى ئۆلچەپ رېتسېپلىق ئوغۇتلاش تېخنىكىسى، شالنى تەشتەككە بالدۇر تىرىپ مايسىسىنى كۆچۈرۈش تېخنىكىسى، سانائەتتە پەمىدۇر مايسىسىنى ئۆستۈرۈپ كۆچۈرۈش تېخنىكىسى، كۆممىقوناقنى تېمىتىپ سۇغىرىش تېخنىكىسى قاتارلىق يېڭى تېخنىكىلار ئۆلگە كۆرسىتىپ كېڭەيتىش ھەمدە يېڭىلىق يارىتىش ئاساسىدا، 3 يىلدا 259 مىڭ 600 گېكتار يەرگە كېڭەيتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي 98 مىڭ 900 گېكتار، كۆممىقوناق 37 مىڭ 600 گېكتار، شال 3753.33 گېكتار، كېۋەز 119 مىڭ گېكتار. بۇغداينىڭ ئوتتۇرىچە مو بېشى ھوسۇلى 359 كىلوگرامغا، كۆممىقوناقنىڭ 470 كىلوگرامغا، شالنىڭ 459 كىلوگرامغا، پاختىنىڭ 96 كىلوگرامغا يېتىپ، تۈر يولغا قويۇلۇشتىن ئىلگىرى 3 يىللىق ئوتتۇرىچە مو بېشى ھوسۇلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بۇغداي 52 كىلوگرام، كۆممىقوناق 39 كىلوگرام، شال 79 كىلوگرام، پاختا 5 كىلوگرام ئاشقان. مەھسۇلاتنىڭ ئېشىش نىسبىتى بۇغداينىڭ %9.16كە، كۆممىقوناقنىڭ %09.9كە، شالنىڭ %8.20كە، پاختىنىڭ %5.5كە يەتكەن. 3 يىلدا ھەرخىل زىرائەتلەردىن يۇقىرى مەھسۇلات ئېلىنغان يەر كۆلىمى 62 مىڭ 300 گېكتارغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 35 مىڭ 400 گېكتار يەردىكى بۇغداينىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى 400 — 499 كىلوگرامغا، 8446.67 گېكتار يەردىكى بۇغداينىڭ 500 — 599 كىلوگرامغا، 7546.67 گېكتار يەردىكى كۆممىقوناقنىڭ مو بېشى ھوسۇلى 800 نەچچە كىلوگرامغا، 1273.33 گېكتار يەردىكى شالنىڭ موبېشى ھوسۇلى 600 كىلوگرامغا، 393.33 گېكتار يەردىكى شالنىڭ موبېشى ھوسۇلى 700 كىلوگرامغا، 8920 گېكتار يەردىكى كېۋەزنىڭ موبېشى ھوسۇلى 120 — 149 كىلوگرامغا، 1100 گېكتار يەردىكى كېۋەزنىڭ 150 كىلوگرامغا يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە، كۆممىقوناقنىڭ مو بېشىدىن 900 كىلوگرام، بۇغداينىڭ مو بېشىدىن 600 كىلوگرام، پاختىنىڭ مو بېشىدىن 150 كىلوگرامدىن كۆپرەك، شالنىڭ مو بېشىدىن 700 كىلوگرام ھوسۇل ئېلىنىشتەك يۇقىرى مەھسۇلاتلىق ئۆلگىلەر بارلىققا كەلدى. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە بۇ تۈردە 3 يىلدا يېڭىدىن ئاشقان ساپ پايدا 183 مىليون 79 مىڭ 300 يۈەنگە يېتىپ، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولغان.

ليۇ شياۋيۈەن

### 4MC—4 تىپلىق كېۋەز شادىسىنى ئۇرۇش ماشىنىسى تەتقىق قىلىپ ياسالدى

بۇ — ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق پەن تەتقىقات ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تۈرى، ئۇنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەتقىقات ئورنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقتى. ئۇ 30 — 40 كىلوۋاتقىچە بولغان رېزىنكە چاقلىق تراكتور بىلەن يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن ماشىنا بولۇپ، ماشىنا جازىسى، قوش قاناتلىق گۈرجەك، سۇرئەت ئۆزگەرتكۈچ، چاتما چاق، قوشۇمچە سۇرئەت ئۆزگەرتكۈچ، دېكىسمان يوللىغۇچ قۇرۇلما، كېۋەز شادىسىنى يىغىۋېلىش قۇرۇلمىسى، چوڭقۇرلۇق چەكلىگۈچى چاق، يۆلىگۈچ قاتارلىق زاپچاسلاردىن تەركىب تاپقان. ئۇ تراكتورنىڭ كەينىدىكى قۇرۇلمىغا 3 نۇقتا بويىچە چېتىلىدۇ. بۇ ماشىنا بىرلا ۋاقىتتا 4 قۇر كېۋەز شادىسىنى يىغىۋالالايدۇ، ئۇنىڭ تېخنىكا كۆرسەتكۈچىنىڭ ھەممىسى توختامدىكى تەلەپكە يەتكەن، ئىقتىدارى شىنجاڭنىڭ پاختىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ، ئىشەنچلىك بولۇشى بىر قەدەر يۇقىرى.

بۇ تۈرنىڭ تەتقىقات نەتىجىسى 1999 - يىل 7 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە باھالاشتىن ئۆتتى ھەمدە پاتېنتقا يوللاندى. مۇتەخەسسىسلەر تەتقىقات نەتىجىسى مەملىكەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن، دەپ قارىدى.

ليۇ شياۋيۈەن

### ياغلىق دان زىرائەتلىرىنىڭ دەسلەپكى ئۇرۇق بازىسى قۇرۇلۇشى ۋە يېڭى سورتلارنى كېڭەيتىش

بۇ — ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىكنى ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشخانىسى چۈشۈرگەن تۈر، بۇنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىقتىسادىي زىرائەت تەتقىقات

ئورنى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 9 - شى دېھقانچىلىق پەن تەتقىقات ئورنى قاتارلىق 11 پەن تەتقىقات، ئىشلەپچىقىرىش ئورنى بىرلىكتە تاماملىغان. بۇ، 1999 - يىل 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىكىنى ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشخانىسى ئويۇشتۇرغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. مۇتەخەسسىسلەر بۇ تۈردە ئاپتونوم رايوننىڭ ياغلىق دان زىرائەت ئۇرۇقىنى ئىشلەپچىقىرىش بازىسىنى قۇرۇپ، ئۇرۇق سۈپىتىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش، باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇش، ئۇرۇق يېتىشتۈرۈپ كۆپەيتىش - سېتىشنى بىرگەۋدىلەشتۈرۈش، چوڭ ئېتىزلارغا ئىشلىتىلىدىغان ئۇرۇقلارنى تاۋارلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۈلگە يارىتىپ بېرىلگەن، دەپ قارىدى.

ليۇ شياۋيۈەن

## تەكلىماكاننىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى 10 مىڭ مو ئۈلگە رايونىدا شىرنىلىك كىچىك مېۋىلىك دەرەخ يېتىشتۈرۈشنى كەسىپلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى

بۇنىڭغا شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى باغۋەنچىلىك تەتقىقات ئورنى رىياسەتچىلىك قىلدى، بۇنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى باغۋەنچىلىك فاكۇلتېتى قاتارلىق 6 ئورۇن ھەمكارلىشىپ تاماملىدى. 1999 - يىل 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىكىنى ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشخانىسى ئويۇشتۇرغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

بۇ تۈردە ئوچۇقچىلىقتا بۆلجۈرگەننى، تاغلىق رايونلاردا قارا جامئوت ئالۇچىنى يۇقىرى مەھسۇلاتلىق، ئەلا سۈپەتلىك قىلىپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى، تاغلىق رايونلاردا ياۋا ئۆرۈك باغچىسىنى بەرپا قىلىش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىپ قوللىنىش ئاساس قىلىنىپ، گۈچۈڭ، جىمسار ناھىيىسىدىكى تاغلىق رايونلاردا ھەمدە ئۈرۈمچى شەھەر ئەتراپى رايونلىرىدا 3 يىلدا جەمئىي 2221.4 گېكتار يەردە شىرنىلىك كىچىك مېۋىلىك دەرەخ، ياۋا ئۆرۈك كېڭەيتىلدى، ئەلا سۈپەتلىك ياۋا ئۆرۈك، قاراجامئوت ئالۇچا، بۆلجۈرگەن كۆچىتىدىن 15 مىليون 660 مىڭ تۈپ ئۆستۈرۈلدى، شىرنىلىك مېۋىلەردىن 1006 توننا مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىلدى. ئېرىقچىلىق ۋە پىششىقلاش ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 34 مىليون 179 مىڭ 500 يۈەنگە يېتىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى. تۈر گۇرۇپپىسى يەنە شىرنىلىك كىچىك مېۋىلەرنى كەسپلەشتۈرۈش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونلىرىدا مېۋىلەرنى پىششىقلاش ۋە يېڭى مەھسۇلاتلارنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئىشىنى قانات يايدۇردى ھەمدە قارا جامئوت ئالۇچا سورتىنى سېلىشتۇرۇپ سىناق قىلىش، تاغلىق رايونلاردا پارنىكتا ياغلىق توغاچ بىلەن بۆلجۈرگەننى ستېرېئولۇق ئۆستۈرۈش تېخنىكا تەتقىقاتى، پاكلوبۇترازول دورىسىنى ياۋا ئۆرۈك ۋە بۆلجۈرگەنگە ئىشلىتىش، ئۇرۇق مايسىسىنى كۆپەيتىپ يېتىشتۈرۈش قاتارلىق 7 تۈرلۈك تەجرىبە تەتقىقاتى خىزمىتىنى تاماملىدى. مۇتەخەسسىسلەر شىمالىي شىنجاڭدىكى تاغلىق رايونلارنىڭ ۋە شەھەر ئەتراپىنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، تاغلىق رايونلارنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ياخشىلاشتا بۇ تۈرنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى زور، دەپ قارىدى.

ليۇ شياۋيۈەن

## كېۋەزنىڭ يىلتىز چىرىش كېسىلىگە ئىشلىتىلىدىغان ئۇرۇق چىلاش دورىسى تەتقىق قىلىپ ياسالدى

بۇنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۆسۈملۈك ئاسراش تەتقىقات ئورنى ئۈزلۈكسىز ئىشلەپ تاماملىدى. 1999 - يىل 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە باھالاشتىن ئۆتتى، باھالاشتا بۇ تەتقىقات نەتىجىسى مەملىكەت بويىچە ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن، دەپ قارالدى.

كېۋەزنىڭ يىلتىز چىرىش كېسىلى شىنجاڭدا كېۋەزنىڭ مايسا مەزگىلىدىكى ئاساسلىق كېسەل زىيانداشلىقى بولۇپ، جەنۇبىي - شىمالىي شىنجاڭ رايونلىرىدا ئومۇميۈزلۈك كۆرۈلىدۇ، ئادەتتىكى يىللاردا كېسەل تېگىپ چىرىش نىسبىتى 30% — 50% كە يېتىدۇ، كېسەل ئېغىر بولغان رايونلاردا كېسەل تېگىپ چىرىش نىسبىتى 90% تىن ئاشىدۇ، ئۇ كېۋەزنى مۇۋاپىق تۈردە قويۇق تېرىشقا، پاختىنىڭ سۈپىتىگە ۋە بالدۇر پىشىپ يۇقىرى ھوسۇل بېرىشكە ئېغىر تەسىر يەتكۈزىدۇ.

تېما گۇرۇپپىسى كېۋەز يىلتىز چىرىش كېسىلىنىڭ پەيدا بولۇش خەۋپىنى ۋە ئالاھىدىلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، تەجرىبىخانا ئىچى - سىرتىدا 14 خىل دورىنى تەجرىبە قىلدى، كېۋەز يىلتىز چىرىش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ئۈنۈمى ئەڭ ياخشى بولغان دورىلارنى بېكىتتى؛ 15% لىك كۆپ ئۈنۈملۈك ئۇرۇق چىلاش دورىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقتى؛ ئۇرۇق چىلاش دورىسىنى تەقلىدىي زاۋۇتلاشتۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىپ، تەجرىبىخانىلاردا پىششىقلاش ھۈنەر - سەنئىتىنى قولغا كەلتۈردى. سىناق قىلىش نەتىجىسىدە بۇ خىل ئۇرۇق چىلاش دورىسىنىڭ كېۋەز مايسىلىرىنىڭ يىلتىز

چېرىش كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈنۈمى 80% تىن ئاشىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى.

لىيۇ شياۋيۈەن

## چوڭچەك - دۆربىلجىن ئويمانلىقىدىكى ئاشلىق مەھسۇلاتى تۆۋەن بولغان رايونلاردا يۇقىرى مەھسۇلات ئېلىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى

بۇ — ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىكىنى ئۇنۇملۇك ئىلگىرى سىلجىتىش تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشخانىسى چۈشۈرگەن تۈر، بۇنىڭغا شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى پەن تەتقىقات باشقارمىسى بىلەن دانلىق زىرائەت تەتقىقات ئورنى بىرلىكتە رىياسەتچىلىك قىلدى. ئۇنى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلار ھەمكارلىشىپ تاماملىدى. بۇ تۈر 1999 - يىل 7 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى.

تۈر گۇرۇپپىسى 1997 - يىلدىن 1999 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا چوڭچەك - دۆربىلجىن ئويمانلىقىنىڭ يېزا ئىگىلىك بايلىقى ئالاھىدىلىكى ۋە ساقلىنىۋاتقان ئاساسلىق مەسىلىلەرگە ئاساسەن، «يۇقىرى مەھسۇلاتلىق، ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ۋە سۇ تېجەش» تېخنىكا لىنىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، شۇ يەرگە ماس كېلىدىغان دانلىق زىرائەتلەرنى يۇقىرى مەھسۇلاتلىق قىلىپ ئۆستۈرۈشكە دائىر بىر يۈرۈش تېخنىكىلارنى، مەسىلەن، ئاپتوماتىك بېسىم بىلەن پۈركۈپ سۇغىرىش، يەرگە سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ ئۆستۈرۈش، رېتسىپلىق ئوغۇتلاش ۋە ئۆسۈملۈكنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى تەڭشەش دورىسىنى ئىشلىتىش قاتارلىق تېخنىكىلارنى كېڭەيتتى. 3 يىلدىن بۇيان بۇ تۈر يولغا قويۇلغان رايوندا بۇغداي مەھسۇلاتى 196 مىڭ 938 توننا، مەھسۇلات قىممىتى 299 مىليون 346 مىڭ يۈەن، كۆممىقوناق مەھسۇلاتى 56 مىڭ 628 توننا، مەھسۇلات قىممىتى 61 مىليون 158 مىڭ يۈەن ئاشتى، بۇ تۈر يولغا قويۇلغان يەر كۆلىمى 89 مىڭ 300 گېكتارغا يېتىپ كۆرۈنەرلىك ئىقتىسادىي ئۈنۈم ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

لۇ چاۋخۇي

## قوغۇننىڭ يېڭى سورتى «شىنمى - 20» (يېشىل گۆھەر)

بۇ تۈرنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى باغۋەنچىلىك زىرائەتلىرى تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى.

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر زىرائەت سورتلىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ھەيئىتىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى.

«يېشىل گۆھەر» قوغۇن سورتى ئارا مەزگىلدە كېچىكىپرەك پىشىدىغان سۈپەتلىك شالغۇت قوغۇننىڭ بىر ئەۋلاد يېڭى سورت لىنىيىسىگە تەۋە بولۇپ، يۇمىلاق، سۇس كۆلرەڭ يېشىل كېلىدۇ، زىچ بۆرتمە سىزىقلىرى بار، مېۋە شەكلى تەكشى، ئېتى سۇس يېشىل، يۇمشاق، پۇراقلىق بولۇپ قۇمۇل قوغۇننىڭ تەمىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ھوسۇللۇق خۇسۇسىيىتى، كېسەلگە بەرداشلىق بېرىش خۇسۇسىيىتى، تاۋار خۇسۇسىيىتى ياخشى. بالدۇر پىشىدۇ، ئاجىزراق كۈن نۇرىغا چىدامىلىق، نەملىككە تاقابىل تۇرالايدۇ، ساقلاش - توشۇشقا چىدامىلىق. بۇ سورت ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان يەرلىرىدە تېرىشقا باپ كېلىدىغان قېلىن پوستلىق قوغۇننىڭ يېڭى سورتى ھېسابلىنىدۇ.

لۇ چاۋخۇي

## قوغۇننىڭ يېڭى سورتى «شىنمى - 21» (سېرىق قار لەيلىسى)

بۇ تۈرنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى باغۋەنچىلىك زىرائەتلىرى تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىغان بولۇپ، 1997 - يىلدىن 1998 - يىلغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە قوغۇن سورتلىرىنى يەرلەشتۈرۈش سىنىقىغا قاتناشتۇرۇلدى، 1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر زىرائەت سورتلىرىنى باھالاش ھەيئىتىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى.

«سېرىق قار لەيلىسى» قوغۇن سورتى بالدۇر پىشىدىغان سۈپەتلىك شالغۇت قوغۇننىڭ 1. ئەۋلاد يېڭى سورت لىنىيىسىگە تەۋە بولۇپ، يۇمىلاق، پوستى سېرىق، ئېتى ئاق، يۇمشاق، پۇراقلىق، تەمى ياخشى، كېسەلگە بەرداشلىق بېرىش خۇسۇسىيىتى كۈچلۈك بولۇپ، نەملىككە، ئاجىز كۈن نۇرىغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ. چوڭ لاپاس، پارنىكتا تېرىپ ئۆستۈرگەندىن سىرت، ئوچۇقچۇلۇقتا ئۆستۈرۈشكىمۇ بولىدۇ، ئۇ، جەنۇبىي جۇڭگودا تېرىشقا ماس كېلىدىغان قېلىن پوستلۇق قوغۇن سورتى ھېسابلىنىدۇ.

لۇ چاۋخۇي

## ئۈزۈم تالالىق كېۋەزدە بولىدىغان كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش

بۇ، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى يېزا ئىگىلىك مەھكىمىسى چۈشۈرگەن «شىنجاڭدا ئۈزۈم تالالىق پاختا ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشقا دائىر مەخسۇس مەبلەغ تۈرى» دىكى تارماق تېما بولۇپ، ئۇنىڭغا شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى تۇرپان ئۈزۈم تالالىق پاختا تەتقىقات ئورنى رىياسەتچىلىك قىلدى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۆسۈملۈك ئاسراش تەتقىقات ئورنى، پىچان ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش

مەركىزى ۋە تۇرپان شەھەرلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزى قاتارلىق ئورۇنلار ھەمكارلىشىپ تاماملىدى. 1999 - يىل 11 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى. بۇ تۈردە تۇرپان پاختىچىلىق رايونىغا ماس كېلىدىغان ئۈنىۋېرسال ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش تېخنىكا سىستېمىسى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ پەيدا بولۇشىنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەش نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇلدى. 1997 - يىلدىن 1998 - يىلغىچە بولغان 2يىلدا ئۈنىۋېرسال ئالدى ئېلىنغان يەر كۆلىمى 6266.67 گېكتارغا، ھەرمو يەرنىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتى 82.5 كىلوگرامغا يېتىپ، ئۆلگە كۆرسىتىشتىن ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرغاندا ھەرمو يەردىن 16.5 كىلوگرام مەھسۇلات ئاشتى، 6 مىليون 810 مىڭ يۈەن ئىقتىسادىي زىياندىن ساقلاپ قېلىندى.

لۇ چاۋخۇي

## ئۈنىۋېرسال يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسى بويىچە ئۆلگە شەھەر قۇرۇش ئەھۋالى

بۇنى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىكنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىشخانىسى چۈشۈرگەن بولۇپ، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە ۋە قۇمۇل شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىرلىكتە ئۈستىگە ئالدى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى باغۋەنچىلىك زىرائەتلىرى تەتقىقات ئورنى قاتارلىق 13 ئورۇن بىرلىكتە يولغا قويدى. 1999 - يىل 7 - ئايدا ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىكنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىشخانىسى ئۇيۇشتۇرغان تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى ھەمدە بۇ تۈر مېۋە - چېۋە باغۋەنچىلىكى ئاساس قىلىنغان ئۈنىۋېرسال يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى بويىچە ئۆلگە كۆرسىتىش قۇرۇلۇشى جەھەتتە مەملىكەت بويىچە ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن، دەپ قارالدى.

قۇمۇل شەھىرىنىڭ پەن - تېخنىكا بويىچە ئۆلگە شەھەر قۇرۇش تۈردە 3 يىل (1996 - يىلدىن 1998 - يىلغىچە) ئىچىدە باغۋەنچىلىك، پاختا، ئاشلىق، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىقتىن ئىبارەت 4 چوڭ تۈۋرۈك كەسىپ بويىچە ئۈنىۋېرسال پەن - تېخنىكا جەھەتتە ئۆلگە كۆرسىتىش ھەمدە باغۋەنچىلىكنى ئاساس قىلغان 6 ئۆلكە - رايون قۇرۇش ئارقىلىق، تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق، پىششىقلاشنى بىرگەۋدىلەشتۈرۈش، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنىڭ 2 -، 3 - كەسىپلىرىنى ۋە يېزا - بازار كارخانىلىرىنى ماس قەدەمدە راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت يېڭى ئەندىزە ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

يېزا ئىگىلىكىگە دائىر 62 خىل يۇقىرى، يېڭى ئەمەلىي تېخنىكا، 32 خىل يېڭى سورت، يېڭى دېھقانچىلىق دورىسى كىرگۈزۈلدى ۋە قوللىنىلدى. ئۆلگە كۆرسىتىپ كېڭەيتىش ئارقىلىق، ھەرخىل تېخنىكا بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %95تىن ئاشتى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي پايدا 460 مىليون يۈەنگە يېتىپ، مەھسۇلات قىممىتى 290 مىليون يۈەن، ساپ كىرىم 280 مىليون يۈەن ئېشىپ، كۆرۈنەرلىك ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

لۇ چاۋخۇي

## بىر مىليون دەن ساپ پاختا ئىشلەپچىقىرىدىغان ناھىيىلەرنى قۇرۇش ئەھۋالى

بۇنى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، قەشقەر ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسى ھەمدە تۈر يولغا قويۇلغان ناھىيىلەر ھەمكارلىشىپ تاماملىدى. 1999 - يىل 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىكنى ئۈنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشخانىسى بىلەن ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى، تەتقىقات نەتىجىسى مەملىكەت بويىچە ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى، ئاپتونوم رايونىمىز بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇردى.

تۈر گۇرۇپپىسى 1997 - يىلدىن 1999 - يىلغىچە يەكەن، مارالبېشى ۋە ئاۋات ناھىيىلىرىدە يەككە تۈر بويىچە كېۋەز تېرىش تېخنىكىسىنى پەننىي مۇكەممەللەشتۈردى ۋە بىرىكتۈرۈپ يۈرۈشلەشتۈرۈش ئىشىنى ئىلىپ باردى. بۇنىڭ ئىچىدە يەكەن ناھىيىسىدە پاختا ئۈدا 3 يىل بىر مىليون دەندىن ئېشىپ كەتتى، مارالبېشى، ئاۋات ناھىيىسىدە 1998 - ۋە 1999 - يىلى بىر مىليون دەنگە يەتتى. 3 يىل ئىچىدە تۈر يولغا قويۇلغان رايونلاردا ساپ پاختا مەھسۇلاتى 119 مىڭ 405 توننا ئېشىپ، تۈر يولغا قويۇلۇشتىن ئىلگىرىكى 3 يىلدىكىدىن %35.9، بىرلىك مەھسۇلات %14.6 ئاشتى.

لو مىڭيىڭ

## يەكەن ناھىيىسىنىڭ يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسى بويىچە ئۈنىۋېرسال ئۆلگە كۆرسىتىش رايونى

بۇ 1993 - يىلدىن 1995 - يىلغىچە يەكەن ناھىيىسىنىڭ ئودانلىق يېزىسىدا يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسى بويىچە ئۈنىۋېرسال ئۆلگە كۆرسىتىش رايونى بەرپا قىلىشنىڭ 2 - باسقۇچى بولۇپ، ئۇنىڭغا شىنجاڭ دېھقانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىقتىسادىي زىرائەت تەتقىقات ئورنى رىياسەتچىلىك قىلدى، شىنجاڭ دېھقانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۆسۈملۈك ئاسراش تەتقىقات ئورنى، يەكەن

ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسى ۋە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى بىرلىكتە تاماملىدى. 1999 - يىلى 7 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى پەن تەتقىقات نەتىجىلىرى باشقارمىسىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى، تەتقىقات نەتىجىسى مەملىكەت بويىچە ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى.

تۈر گۇرۇپپىسى 1996 - يىلدىن 1998 - يىلغىچە توختىماي بەلگىلەنگەن ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداپ، كۆرۈنەرلىك ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى. ئۆلگە كۆرسىتىپ كېڭەيتىلگەن كېۋەز كۆلىمى 43 مىڭ 300 گېكتارغا، دانلىق زىرائەت كۆلىمى 30 مىڭ گېكتارغا يەتتى، كېۋەزنىڭ بىر يېڭى سورتى، دانلىق زىرائەتنىڭ بىر يېڭى سورتى تاللاپ كېڭەيتىلدى. پاختىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 10% ئاشتى، ئومۇمىي مەھسۇلاتى ئەسلىدىكى 41 مىڭ 600 توننىدىن ئېشىپ 50 مىڭ توننىغا يەتتى. پاختا باھاسى تەڭشەلگەن ئەھۋال ئاستىدا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىم 42.7% ئېشىپ، 1187.2 يۈەنگە يەتتى.

لو مىڭيىڭ

## ئەلا سۈپەتلىك كېۋەز يېڭى سورتىنىڭ تاللانغان ئەسلى ئۇرۇقىنى كۆپەيتىش بازىسى قۇرۇلۇشى

بۇنى شىنجاڭ دېھقانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىقتىسادىي زىرائەت تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى. 1999 - يىلى 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىكىنى ئۇنۇۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشخانىسىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى.

بۇ تۈر 1997 - يىلدىن 1999- يىلغىچە بايىنغولىن ئوبلاستىدا يولغا قويۇلدى، ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ۋە ئەلا سۈپەتلىك كېۋەز يېڭى سورتىنىڭ تاللانغان ئەسلى ئۇرۇقىنى كۆپەيتىش ئىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تۈر گۇرۇپپىسى ئەلا سۈپەتلىك كېۋەز يېڭى سورتىنىڭ تاللانغان ئەسلى ئۇرۇقىنى كۆپەيتىش ۋە ئۆلگە كۆرسىتىپ كېڭەيتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. 3 يىلدا «شىنجاڭ قۇرۇقلۇق ئارا كېۋىزى — 5»، «شىنخەي — 12» قاتارلىق يېڭى سورتلارنىڭ تاللانغان ئەسلى ئۇرۇقىدىن 19.2 توننا كۆپەيتتى، 418.8 توننا تاللانغان ئۇرۇقنىڭ 1 - ئەۋلادىنى كۆپەيتتى، تاللانغان ئۇرۇقنىڭ 2 - ئەۋلادىنى كۆپەيتىشتە ئۆلگە كۆرسىتىلگەن يەر كۆلىمى 5466.67 گېكتارغا يەتتى.

لو مىڭيىڭ

## قىزىلچىنىڭ تاللانغان ئەسلى ئۇرۇقلۇق بازىسى قۇرۇلۇشى ۋە يېڭى سورتلارنى كېڭەيتىش

بۇنى شىنجاڭ دېھقانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىقتىسادىي زىرائەت تەتقىقات ئورنىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، ئىلى ئوبلاستلىق دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى، بىڭتۇەن ئۇرۇقچىلىق پونكىتى، قارا شەھەر ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق پونكىتى، گۇچۇڭ شېكەر زاۋۇتى، قۇتۇبى ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى ۋە فاڭساۋخۇ شېكەر زاۋۇتى ھەمكارلىشىپ تاماملىدى. 1999 - يىلى 10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىكىنى ئۇنۇۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشخانىسىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى ھەمدە بۇ تۈر ئاپتونوم رايوننىڭ قىزىلچا ئۇرۇقى ئىشلەپچىقىرىش بازىسىنى قېلىپلاشتۇرۇش، ئۇرۇق سۈپىتىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش، كۆپەيتىپ كېڭەيتىشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش، چوڭ ئېتىزلارغا ئىشلىتىلىدىغان ئۇرۇقلارنى تاۋارلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئاساس سالدى، دەپ قارالدى.

بۇ تۈردە بازا قۇرۇلۇشى بىلەن قىزىلچىنىڭ يېڭى سورتىنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلدى، تۈر يولغا قويۇلغان 3 يىل ئىچىدە يېڭىدىن ئاشقان قىزىلچا مەھسۇلاتى 611 مىڭ 200 توننىغا، يېڭىدىن ئاشقان دېھقانچىلىق ساپ كىرىمى 131 مىليون 985 مىڭ 500 يۈەنگە، شېكەر زاۋۇتىنىڭ يېڭىدىن ئاشقان مەھسۇلات قىممىتى 181 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

لو مىڭيىڭ

## «خېنەن كېۋىزى — 15» سورتى ئۆلگە كۆرسىتىلىپ كېڭەيتىلدى

بۇ تۈر شىنجاڭ دېھقانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىقتىسادىي زىرائەت تەتقىقات ئورنىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تاماملاندى. 1999 - يىلى 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىشخانىسى ۋە ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى پەن تەتقىقات نەتىجىلىرى باشقارمىسىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى. ئۇنىڭ ئۇنۇۋېرسال تېخنىكا كۆرسەتكۈچى مەملىكەت بويىچە ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى.

تۈرنى يولغا قويۇش جەريانىدا، سورتنىڭ بىئولوگىيىلىك ۋە فىزىئولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن، ئەڭ ياخشى تېرىش مەزگىلى، مۇۋاپىق قويۇقلۇق، مۇۋاپىق سۇغىرىش، ئۈنۈملۈك ھالدا خىمىيىلىك

تىزگىنلەش، تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ ئوغۇتلاش ھەمدە بالدۇر پىششىقا تۈرتكە بولۇش قاتارلىق بىر قاتار ئۆستۈرۈش تېخنىكا تەدبىرلىرى تۈزۈپ چىقىلدى، يەكەننى بازا قىلىپ، 1998 - يىلى 1200 توننا تاللانغان ئەسلى ئۇرۇق ئىشلەپچىقىرىلدى. 1997 - يىلى يەكەن ناھىيىلىك پەيلو دېھقانچىلىق مەيدانىدا 6.67 گېكتار يەردىكى «خېبەن كېۋىزى — 15»نىڭ مو بېشى ساپ پاختا مەھسۇلاتى 191.1 كىلوگرامغا، مەكىت ناھىيىسىدە 15 گېكتار يەردە 229.7 كىلوگرامغا، «قىزىل نۇر» دېھقانچىلىق مەيدانىدا 1.67 گېكتار يەردە 233.7 كىلوگرامغا يېتىپ، مەملىكەت بويىچە ساپ پاختا بىرلىك مەھسۇلاتى بويىچە ئەڭ يۇقىرى رېكورت يارىتىلدى؛ تۈر يولغا قويۇلغان 3 يىلدا بۇ سورت 143 مىڭ 900 گېكتار يەرگە كېڭەيتىلدى.

لو مىڭيىڭ

## ياغ ئېلىنىدىغان گازىرنىڭ ھەقىقىي ياغ ئاقسىل ماددىسىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللار ئۈستىدە تەتقىقات

بۇ شىنجاڭ دېھقانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىقتىسادىي زىرائەت تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئالغان، لياۋنىڭ ئۆلكىلىك يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇرۇقچىلىق تەتقىقات ئورنى، شىخەنزە بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش پەنلەر ئاكادېمىيىسى زىرائەت تەتقىقات ئورنى ھەمكارلىشىپ تاماملىغان ئاساسىي تەتقىقات تۈرى.

بۇ تۈردە ئوخشاش بولمىغان ئېكولوگىيىلىك رايونلاردىكى مېتېئورولوگىيە ئامىللىرىنىڭ ئاپتاپپەرەسنىڭ ياغ نىسبىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ياغ نىسبىتىنىڭ جۇغلىنىش ئەھۋالىنىڭ تېمپېراتۇرا شارائىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئاپتاپپەرەس ئاقسىل ماددىسى مىقدارىنىڭ مېتېئورولوگىيە ئامىللىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەمدە ئاپتاپپەرەسنىڭ تەركىبىدىكى ياغ نىسبىتىنىڭ ئاساسىي ئىقتىسادىي ھالەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تېپىپ چىقىلغان. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا ئاپتاپپەرەستىن يۇقىرى مەھسۇلات ۋە جىق ياغ ئېلىش، ئوخشاش بولمىغان ئاپتاپپەرەس سورتلىرىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش، ئەلا سۈپەتلىك ئاپتاپپەرەسنى كۆپەيتىش بازىسى قۇرۇش ئۈچۈن ئىشەنچلىك ئىلمىي نەزەرىيىۋى ئاساس بىلەن تەمىنلىگەن. بۇ تۈر مەملىكەت ئىچىدە مۇشۇ ساھەدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى.

بۇ تۈر 1999 - يىل 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان باھالاشتىن ئۆتتى ھەمدە مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتكەن، دەپ قارالدى.

دىڭ جيەنگو

## قوغۇن - كۆكتاتلارنى ئىجتىمائىي ئاپەتتىن ساقلاش - مول ھوسۇل ئېلىش ئۈلگە قۇرۇلۇشى

بۇ — شىنجاڭ دېھقانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۆسۈملۈك ئاسراش تەتقىقات ئورنىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، ئۈرۈمچى شەھەرلىك كۆكتاتچىلىق تەتقىقات ئورنى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق تېخنىكا مەركىزى، سانجى شەھەرلىك دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى، بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 6 - شى 103 - تۈەن - مەيدانى، 105 - تۈەن - مەيدانى قاتارلىق ئورۇنلار قاتنىشىپ تاماملىغان پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى كېڭەيتىش تۈرى. 1999 - يىل 10 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى.

بۇ تۈردە 5 ئۆلكە بازىسىدا 3 يىلدا ئىجتىمائىي ئاپەت تەگمىگەن قوغۇن 14 مىڭ 600 گېكتار يەردە، ئاپەت تەگمىگەن كۆكتات 16 مىڭ 200 گېكتار يەردە ئۈلگە كۆرسىتىپ كېڭەيتىلىپ، خىمىيىۋى ئوغۇت تەننەرخى 1 مىليون 450 مىڭ يۈەن تېجەپ قېلىنغان، يارالغان ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 39 مىليون يۈەنگە يەتكەن. ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىدا قوغۇن - تاۋۇز - كۆكتاتلاردىكى كېسەللىك زىيانداشلىقى كۆرسەتكۈچى %10تىن تۆۋەن بولغان، پىت، كانالارنىڭ زىيان سېلىش نىسبىتى ناھايىتى يېنىك بولغان. تەرخەمەك، مۇچ، پېدىگەن، قوغۇننىڭ مەھسۇلات مىقدارى ئۈلگە كۆرسىتىشتىن ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرغاندا %5 —%10 ئۆپچۆرىسىدە ئاشقان. بۇ تۈردە كېسەلگە تاقابىل تۇرالايدىغان 27 خىل يېڭى كۆكتات سورتى تاللاپ چىقىلغان؛ ئەڭ يېڭى بىئولوگىيىلىك دېھقانچىلىق دورىلىرى كىرگۈزۈلۈپ، بازىدا زەھەرلىك دورىلارنى كېمەلگە ئىشلىتىش سىنىقى ئېلىپ بېرىلغان؛ كۆكتاتلاردا يېڭىدىن پەيدا بولغان چىپار چۈمگەك چىۋىنى قاتارلىق زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تېخنىكىلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان.

دىڭ جيەنگو

## ماناس دەرياسى ۋادىسىغا تېرىلغان دانلىق زىرائەت - كېۋەزدە بولىدىغان ئاساسلىق كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئالدىنى ئېلىش تېخنىكا سىستېمىسى قۇرۇلۇشى ۋە يۇقىرى مەھسۇلات ئېلىش تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش

بۇ — ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىكنى ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشخانىسى چۈشۈرگەن، شىنجاڭ دېھقانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۆسۈملۈك ئاسراش تەتقىقات ئورنى

رىياسەتچىلىك قىلغان، ساۋەن ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسى، ماناس ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى، دېھقانچىلىق ئىدارىسى، دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى، قۇتۇبى ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسى قاتنىشىپ ئورۇندىغان پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى كېڭەيتىش تۈرى. بۇ تۈر 1999 - يىل 9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى پەن تەتقىقات نەتىجىلىرى باشقارمىسىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ۋە باھالاشتىن ئۆتتى.

بۇ تۈردە قولغا كەلتۈرۈلگەن ئاساسلىق نەتىجىلەر مۇنۇلار: بىرىنچى، كۆشەندىلەرنى مۇھاپىزەت قىلىش مەركەز قىلىنىپ، دانلىق زىرائەت، كېۋەزدىكى كېسەللىك ۋە ھاشاراتلارنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش تېخنىكا سىستېمىسى تۈزۈپ چىقىلغان ۋە كېڭەيتىلگەن، بۇنىڭ بىلەن كېسەللىك ۋە ھاشاراتلار پەيدا قىلغان زىيان نىسبىتى تۈر يولغا قويۇلۇشتىن ئىلگىرىكى 10%تىن تۆۋەنلەپ 3%كە چۈشكەن، 3 يىلدا كېۋەزدىكى كېسەللىك - ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا كېتىدىغان خىراجەت 15 مىليون 736 مىڭ 200 يۈەن تېجەپ قېلىنغان. ئىككىنچى، ئۆلكە رايونلىرىدا كېۋەزنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 1997 - يىلى 28.59%، 1998 - يىلى 32.3% ئاشقان. ئۈچىنچى، ئاشلىق مەھسۇلاتى تۈر يولغا قويۇلۇشتىن ئىلگىرىكى 3 يىللىق ئوتتۇرىچە مەھسۇلات مىقدارى ئاساسىدا، 1997 - يىلى 11.43%، 1998 - يىلى 14.03% ئاشقان. تۆتىنچى، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ دورىلارغا تاقابىل تۇرۇش خۇسۇسىيىتىنى ئۆلچەش، كېۋەز غوزا قۇرتىنىڭ يېتىلىشىنى توختىتىش ۋە ئالدىنى ئېلىش كۆرسەتكۈچى، كېۋەزلىكتىكى كۆشەندە تۈرلىرىنى تەكشۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان ھەمدە شىنجاڭدا بۇغدايلىق ۋە كېۋەزلىكتىكى كۆشەندىلەرنىڭ كۆچۈش قانۇنىيىتى تۇنجى قېتىم سىستېمىلىق تەتقىق قىلىنغان. 3 ئۆلكە رايوندا 3 يىلدا دانلىق زىرائەت، كېۋەزدىكى كېسەللىك - ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش تېخنىكا سىستېمىسى ھەمدە ئاشلىق ۋە پاختىدىن يۇقىرى مەھسۇلات ئېلىش تېخنىكىسى 303 مىڭ گېكتار يەردە كېڭەيتىلدى. ئىقتىسادىي ئۈنۈمى 362 مىليون يۈەنگە يەتتى.

دىڭ جيەنگو

## ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئوتلاق قۇرۇلۇشىنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسى كېڭەيتىلدى

بۇ — ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىكىنى ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشخانىسى چۈشۈرگەن، شىنجاڭ دېھقانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئالغان، كۈنەس ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسى قاتارلىق 5 ئورۇن ھەمكارلىشىپ تاماملىغان پەن - تېخنىكىنى كېڭەيتىش تۈرى. بۇ تۈر 1999 - يىل 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى.

بۇ تۈردە كۈنەس ناھىيىسى، ئالتاي شەھىرى، خېجىڭ ناھىيىسى بايىنبۇلاق رايونى ۋە گۇچۇڭ ناھىيىسى تېخنىكا جەھەتتە ئۆلگە كۆرسىتىپ كېڭەيتىش رايونى قىلىنغان، ئوت - چۆپ تېرىش، ئوت - چۆپ يىغىۋېلىش، يەم - خەشەك پىششىقلاشنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىپ قوللىنىش نۇقتا قىلىنغان بولۇپ، يولغا قويۇلغان رايونلاردا ئوتلاقنىڭ مو بېشى ئوت - چۆپ مىقدارى 210 كىلوگرام، مەھسۇلاتى 10%تىن كۆپرەك ئاشقان. ئوت - چۆپنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى 30% — 50% يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن، يەم - خەشەكتىن پايدىلىنىش نىسبىتى 80%تىن كۆپرەككە يەتكەن، 3866.67 گېكتار ئوتلاق ياخشىلانغان، 3466.67 گېكتار يەردىكى ئوت - چۆپنى يىغىۋېلىش ماشىنىلاشتۇرۇلغان، 1540 توننا يەم - خەشەك پىششىقلانغان.

دىڭ جيەنگو

## يېڭىسار ناھىيىسىدە تۆۋەن مەھسۇلاتلىق، تۆۋەن ئۈنۈملۈك ئۈرۈكلۈك باغلار ئۆزگەرتىلدى

بۇ — ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىكىنى ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشخانىسى چۈشۈرگەن، شىنجاڭ دېھقانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى باغۋەنچىلىك زىرائەتلىرى تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئالغان، يېڭىسار ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسى، دېھقانچىلىق ئىدارىسى ھەمكارلىشىپ تاماملىغان پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى كېڭەيتىش تۈرى. بۇ تۈر 1999 - يىل 7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى پەن تەتقىقات نەتىجىلىرى باشقارمىسىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ۋە باھالاشتىن ئۆتتى.

بۇ تۈردە قولغا كەلتۈرۈلگەن ئاساسلىق نەتىجىلەر مۇنۇلار: يېڭىسار ناھىيىسىدىكى 9 يېزا - بازاردا 16.33 گېكتار يەردە ئەلا سۈپەتلىك ئۈرۈك كۆچىتى (798 مىڭ تۈپ) ئۆستۈرۈلگەن، 20.53 گېكتار يەردە ئۈرۈكتىن ئۆسكەن كۆچەت (1 مىليون 200 مىڭ تۈپ) كۆپەيتىپ

يېتىشتۈرۈلگەن، 170.8 گېكتار يەردىكى كۆچەت ئالماشتۇرۇلغان، يېڭىدىن 1307.8 گېكتار يەردە ئۆرۈكلۈك باغ بەرپا قىلىنىپ، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي پايدا 5 مىليون 641 مىڭ 920 يۈەنگە يەتكەن. ئاپتونوم رايون بويىچە ئاساسلىق ئۆستۈرۈلىدىغان «سەمەت» سورتىنىڭ پاكارلاشتۇرۇلغان ئەلا ئۆرۈك سورت بايلىقى ئىكەنلىكى يەنىمۇ ئىگىلىۋېلىنغان. 100 قاراردىن كۆپرەك كۇرس ئېچىلىپ 13 مىڭ 25 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەنگەن، 800 نۇسخا تېخنىكا ماتېرىيالى بېسىپ تارقىتىلغان، 400 قېتىمدىن كۆپرەك نەق مەيدان يىغىنى ئېچىلغان، بۇ مېۋىلىك باغلارنى ئۆزگەرتىش تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش - كېڭەيتىش رولىنى ئوينىغان.

دىلى جيەنگو

# چارۋىچىلىق

## شىنجاڭدا 6 مىليون تۇياق قوي - ئۆچكىدىن كۆپ مىقداردا ئەلا سۈپەتلىك گۆش، يۇڭ، تىۋىت ئېلىش قۇرۇلۇشى

بۇ تۈرنى چارۋىچىلىق نازارىتى، ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى، شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، ش ئۇ ئا ر چارۋا - قوش نەسلىنى ياخشىلاش باش پونكىتى، سانجى ئوبلاستلىق چارۋىچىلىق ئىدارىسى، ئالتاي ۋىلايەتلىك چارۋىچىلىق باشقارمىسى، خوتەن ۋىلايەتلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۆچكىچىلىك تەتقىقات مەركىزى بىرلىكتە تاماملىدى. بۇ تۈر 1999 - يىل 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ش ئۇ ئا ر شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى.

بۇ تۈر 4 تارماق تۈردىن تەركىب تاپقان: «2 مىليون تۇياق گۆش قويىنى مېتىسلاشتۇرۇپ نەسلىنى ياخشىلاش - مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇش يۈرۈشلۈك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش» تارماق تۈرى ئالتاي ۋىلايىتى بىلەن سانجى شەھىرىدە يولغا قويۇلدى؛ «2 مىليون تۇياق جۇڭگو مېرىنوس قويى (شىنجاڭ تىپى) نى يېتىشتۈرۈش ھەم مېتىسلاشتۇرۇپ نەسلىنى ياخشىلاش» تارماق تۈرى تارباغاتاي ۋىلايىتى، بورتالا ئوبلاستى ۋە سانجى ئوبلاستىدا يولغا قويۇلدى؛ «1 مىليون تۇياق يىرىك يۇڭلۇق خوتەن قويىنى مېتىسلاشتۇرۇپ نەسلىنى ياخشىلاش ۋە ئۇنى كۆپەيتىش سىستېمىسىنى تۈرغۇزۇش» تارماق تۈرى خوتەن رايونىدا يولغا قويۇلدى؛ «1 مىليون تۇياق تىۋىتلىق ئۆچكىنى مېتىسلاشتۇرۇپ نەسلىنى ياخشىلاش ۋە ئۇنى كۆپەيتىش سىستېمىسىنى تۈرغۇزۇش» تارماق تۈرى ئاقسۇ رايونىدا يولغا قويۇلدى.

بۇ تۈردە تۆۋەندىكى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن:

1. بىر قاتار تېخنىكىلىق تەدبىرلەر ۋە باشقۇرۇش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش ئارقىلىق، توختامدا بەلگىلەنگەن تۈرلۈك كۆرسەتكۈچلەر ئاشۇرۇپ ئورۇندالغان. بۇنىڭ ئىچىدە، «2 مىليون تۇياق گۆش قويى» تارماق تۈرىدە 3 يىلدا قولدىن چېقىش كۆرسەتكۈچىگە يەتكەن قوزا 2 مىليون 372 مىڭ 800 گە يېتىپ، پىلاندىكى ۋەزىپە 118.64% ئورۇندالغان، جەمئىي 10 مىڭ 254.97 توننا قوي گۆشى ئېلىنغان، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاشقان قوي گۆشى 4330.6 توننا. «2 مىليون تۇياق جۇڭگو مېرىنوس قويى» تارماق تۈرىدە، ئىنچىكە يۇڭلۇق قويىنىڭ يەككەن يۇڭ مىقدارى 5.3 كىلوگرامدىن 4 كىلوگرامغا ئۆسكەن قويلار 2 مىليون 88 مىڭ 400 گە يېتىپ، پىلاندىكى ۋەزىپە 104.42% ئورۇندالغان، 3 يىلدا 29 مىڭ 782.5 توننا يۇڭ ئېلىنغان، بۇنىڭ ئىچىدە تازىلانمىغان يۇڭ 2357.44 توننا ئاشقان. «1 مىليون تۇياق يىرىك يۇڭلۇق خوتەن قويى» تارماق تۈرىدە، يىرىك يۇڭلۇق خوتەن قويىنىڭ يەككەن يۇڭ مەھسۇلاتى 4.1 كىلوگرامدىن 2 كىلوگرامغا ئۆسۈپ، كۆرسەتكۈچكە يەتكەن قوي 1 مىليون 102 مىڭغا يېتىپ، پىلاندىكى ۋەزىپە 110.2% ئورۇندالغان، 3 يىلدا 17 مىڭ 570 توننا يىرىك يۇڭ ئېلىنغان، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاشقان يىرىك يۇڭ 2057 توننا. «1 مىليون تىۋىتلىق ئۆچكە يېتىشتۈرۈش» تارماق تۈرىدە 1 مىليون 173 مىڭ 600 تىۋىتلىق ئۆچكە پىلاندىكى كۆرسەتكۈچكە يېتىپ، پىلاندىكى ۋەزىپە 117.3% ئورۇندالغان، 3 يىلدا 683.39 توننا تىۋىت ئېلىنغان، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاشقان تىۋىت مەھسۇلاتى 116.11 توننا.

2. 3 دەرىجە بويىچە نەسىل يېتىشتۈرۈشكە تەشكىللەش ئارقىلىق 646 مىڭ ئۆچكە باھالاپ چىقىلدى، 2 مىليون 360 مىڭ ئۆچكە پادىلار بويىچە رەتلەندى، سۈپىتى ناچار 2550 نەسىللىك تىكە شاللىۋېتىلدى، ئەلا سۈپەتلىك نەسىللىك تىكىدىن 7876 سى يېتىشتۈرۈلۈپ كېڭەيتىلدى، سۈنئىي ئورۇقلاندۇرۇش نىسبىتى 1995 - يىلدىكىدىن 61.42 پىرسەنت پونكىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، تىكىنىڭ ئەڭ يۇقىرى يەككەن تىۋىت مەھسۇلاتى 1070 گرامغا، ساغلىق ئۆچكىنىڭ ئەڭ يۇقىرى تىۋىت مەھسۇلاتى 880 گرامغا يەتتى، ئوتتۇرىچە يەككەن تىۋىت مەھسۇلاتى 130 گرامدىن 173 گرامغا ئۆستى.

3. ئاپتونوم رايوننىڭ ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، سۇلياۋ لاپاسلىق ئىسسىق قوتان قۇرۇلما چېرتيوژى ۋە سۇلياۋ

لاياھىتىنى ئىسسىق قوتان ياساش ئۆلچىمى لايىھىلەندى. ئاپتونوم رايون بويىچە 92 مىڭ 84 قوتان ياسالدى.

4. تۆر يولغا قويۇلغان رايونلاردا يەم - خەشەكنى پىششىقلاش مودۇلىياتسىيىسى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىلىپ، چارۋىچىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىشىغا ماسلاشتۇرۇلدى، يەم - خەشەكلەرنى پىششىقلاش ۋە يەم - خەشەك بىلەن بېقىش تېخنىكىسىنى يولغا قويۇشتا ئۈلگە كۆرسىتىش ئارقىلىق، 44 مىڭ 46 ئائىلىلىك چارۋىچى ئولتۇراقلاشتۇرۇلدى، «ئۈچنى سىلوسلاش، بىرنى ئاممىياكلاشتۇرۇش» كۆلچىكىدىن 108 مىڭ 32 سى ياسالدى، يەم - خەشەك پىششىقلاش ماشىنىسىدىن 5067 سى سېتىۋېلىندى، پىششىقلانغان شاخ - سامان 5 مىليون 224 مىڭ تونىنغا يېتىپ، شاخ - سامان ئومۇمىي مىقدارىنىڭ %19.54 ىنى ئىگىلىدى، قىسقا مۇددەت ئىچىدە مەھسۇلاتنى تېز ئاشۇرۇپ كىرىمنى كۆپەيتىش ئۈچۈن، بېقىش - باشقۇرۇشتا تېخنىكا جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلىندى.

5. ئوخشاش بولمىغان چارۋا تۈرى، ئوخشاش بولمىغان رايون، ئوخشاش بولمىغان مەزگىللەردىكى يۇقۇملۇق كېسەل ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئالدىنى ئېلىش، يوقىتىش لايىھىسى تۈزۈپ چىقىلدى، 3 يىلدا تۈر يولغا قويۇلغان رايونلاردا يۇقۇملۇق كېسەللىك ھەر تەرەپلىمە ئالدى ئېلىنغان چارۋا 116 مىليون 821 مىڭ 600 تۇياققا يېتىپ، قوي - ئۆچكە ئومۇمىي سانىنىڭ %97.15 ىنى ئىگىلىدى.

6. تەربىيىلەش، ماتېرىيال تارقىتىش ۋە پەن - تېخنىكا جەھەتتە ئۈلگە كۆرسىتىش ئارقىلىق يېڭى تېخنىكا ۋە ئەمەلىي تېخنىكىلار كېڭەيتىلدى، دېھقان - چارۋىچىلار ئىقتىسادىي نەپ ئالدى، 1476 قارار ھەرخىل كۇرس ئېچىلىپ، 359 مىڭ 600 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى.

7. 3 يىلدا مەھسۇلات قىممىتى 316 مىليون 462 مىڭ يۈەن، ساپ پايدا 129 مىليون 515 مىڭ يۈەن ئېشىپ، يىللىق ئىقتىسادىي ئۈنۈم 43 مىليون 171 مىڭ 700 يۈەنگە يەتتى. بۇ تۈردە چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى تەبىئەتكە تايىنىپ چارۋا باقىدىغان يېرىك ئىشلەپچىقىرىشتىن چارۋىنى يېرىم ئوتلاقتا ئوتلىتىپ، يېرىم قوتاندا يەم - خەشەك بېرىپ باقىدىغان تىجارەت تىپىدىكى ۋە ئۈنۈم تىپىدىكى ئىشلەپچىقىرىشقا تەدرىجىي بۇرۇلۇپ ناھايىتى ياخشى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

گۈلزار

## يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىدىن پايدىلىنىپ سۈپەتلىك ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي يېتىشتۈرۈلدى

بۇ، شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى چارۋىچىلىق تەتقىقات ئورنى تاماملىغان ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق پەن تەتقىقات تۈرى بولۇپ، 1999 - يىل 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى.

تۈر گۇرۇپپىسى 6 يىل تىرىشىش ئارقىلىق، تېمىدا بەلگىلەنگەن كۆرسەتكۈچ، ۋەزىپىلەرنى تولۇق ئورۇندىدى. 100 تۇياق ساغلىق قوينى ئىمپورت قىلىش ئاساسىدا، سۈپەتلىك ئىنچىكە يۇڭلۇق قويدىن جەمئىي 2016نى كۆپەيتىپ يېتىشتۈردى، 1999 - يىلى قولدا قالغان قوي 1083 بولدى. بەرپا قىلىنغان ۋە تاللاپ يېتىشتۈرۈلگەن پادىلارنىڭ يۇڭ سۈپىتى ياخشى بولۇپ، تالا دىئامېتىرى ئوتتۇرىچە 19.91±1.70 مىكرومېتىر كېلىدۇ، 2 ياشلىق قوينىڭ 12 ئاي بولغاندىكى يۇڭ تالا ئۇزۇنلۇقى ئوتتۇرىچە 9.21±0.79 سانتىمېتىر كېلىدۇ، ئەگرىسى ئېنىق، تەكشى، ماي تەرلىرى نورمال، ئاق رەڭگى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ، قىسمەنلىرى تۇمشاق كېلىدۇ؛ چوڭ ساغلىق قويلارنىڭ ساپ يۇڭ مەھسۇلاتى 3.65 كىلوگرام (تۈر كۆرسەتكۈچى 2.7 كىلوگرام) كېلىدۇ، يۇڭى قىرقىۋېلىنغاندىن كېيىنكى ئېغىرلىقى 47.5 — 52.9 كىلوگرام (تۈر كۆرسەتكۈچى 40 كىلوگرام)، ساپ يۇڭ نىسبىتى %66.9 (تۈر كۆرسەتكۈچى %56 — %77).

1998 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە تاللاپ يېتىشتۈرۈش كۆرسەتكۈچىدىكى تەلەپكە ئۇيغۇن بولغان سۈپەتلىك ئىنچىكە يۇڭلۇق قويدىن جەمئىي 1590ى كۆپەيتىپ يېتىشتۈرۈلدى، بۇ ۋەزىپىدىكىنىڭ %159 ىگە باراۋەر؛ قولدا قالغان قوي 1015 تۇياققا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ساغلىق قوي 540 تۇياق، كېڭەيتىلگەن نەسىللىك قوچقار 451 تۇياق، نەسلى ياخشىلانغان تۆۋەن مەھسۇلاتلىق ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي 225 مىڭ تۇياق بولۇپ، كۆرۈنەرلىك ئىقتىسادىي ئۈنۈم ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

گۈلزار

## كالا - قويلارنىڭ ئاقسىل كېسىلى بىلەن يۇقۇملىنىشىنى ئاكتىپ ۋاكسىنا ئارقىلىق ئىممۇنىتېتلاشنىڭ سېرولوگىيىلىك ھالىتى ئۈستىدە تەتقىقات

بۇ تۈر شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى مال دوختۇرلۇق تەتقىقات ئورنىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تاماملىنىپ، 1999 - يىل 1 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى ھەمدە ناھايىتى ياخشى ئىقتىسادىي،

ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئېرىشكەن، دەپ قارالدى.

تۈر گۇرۇپپىسى 3 يىل ئىچىدە توختام پىلانىدىكى كۆرسەتكۈچلەرنى تولۇق ئورۇندىدى.

تەجرىبە ئىسپاتلىدىكى، بۇ خىل ۋاكسىنىنى سالغاندا سېۋوروتكىنىڭ نېيتراللاشقان كۆرسەتكۈچ سانى 3 تىن كۆپرەككە يەتكەن، مۇھاپىزەت قىلىش نىسبىتى 80%، داۋاملىشىش مۇددىتى 6 ئاي بولغان. كالا - قويلارنىڭ ئاقسىل كېسىلى بىلەن يۇقۇملىنىشىنىڭ ئاكتىپ ۋاكسىنىسىنى ئىشلەتكەندە كالا - قويلارنىڭ تۈگە O تىپلىق ئاقسىل كېسىلى بىلەن يۇقۇملىنىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ، 1 - يىلى 6 ئاي ئارىلىقىدا 2 قېتىم ۋاكسىنا سېلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ھەر يىلى بىر قېتىم ۋاكسىنا سېلىنىدۇ. بۇ ئىممۇنىتېت تەرتىپى بويىچە بىر قېتىم ۋاكسىنا سالغاندا ئىممۇنىتېت مۇددىتىنى 6 ئايغا يەتكۈزەلەيدۇ، 2 قېتىم ۋاكسىنا سالغاندا مۇددىتى ئۇزىراپ 12 ئايغىچە ئۈنۈم بېرىدۇ. ئىممۇنىتېت تەرتىپى مۇۋاپىق، يارامىلىق، بىخەتەر، ئۈنۈملۈك بولۇپ، خېلى ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكەن.

گۈلزار

## پولىمېرازا زەنجىرسىمان رېئاكسىيەسى (PCR) دىن پايدىلىنىپ، ئۆچكىنىڭ بوغۇم ياللۇغى - مېڭە ياللۇغىغا بالدۇر دىئاگنوز قويۇش

بۇ تۈر شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى مال دوختۇرلۇق تەتقىقات ئورنىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تاماملىنىپ، 1999 - يىل 1 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

ئۆچكىنىڭ بوغۇم ياللۇغى ۋە مېڭە ياللۇغى (CAE) دۇنيا بويىچە تارقالغان، ئاساسەن سۈتلۈك ئۆچكىلەرگە زىيان سالىدىغان بىر خىل ئاستا خاراكتېرلىك ۋىرۇس كېسىلى، ئۇنىڭ كېسەل سەۋەبچىسى قويلاردا بولىدىغان تەرەققىي قىلىشچان ئۆپكە ياللۇغى ۋىرۇسى، ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسى ئۇرۇقدىشى تەتۈر ئالامەتلىك ۋىرۇس ئائىلىسىدىكى ئاستا خاراكتېرلىك كېسەل كەنجى ئائىلىسىگە تەۋە.

تەجرىبە شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بۇ تۈردە 3 خىل پرىمېر يەنى كودلاشتۇرۇلغان يادرولۇق ئاقسىل گېنى پرىمېرى، كودلاشتۇرۇلغان تەتۈر ترانسكرىپتازا پرىمېرى، تېرمىنال قايتىلانما تەرتىپلىك پرىمېر تاللاپ چىقىلىپ، ئەۋرىشكىلەر PCR ئۇسۇلى ئارقىلىق كېڭەيتىلىپ، بىر خىل خېلى ئالاھىدە سەزگۈرلۈككە ئىگە LTR پرىمېرى بېكىتىلىپ، سۈنئىي يۇقۇملانغان 8 تۇياق ئۆچكە (سۈتلۈك ئۆچكە) گە PCR پرىمېرى ئىشلىتىلىپ كۆزىتىلگەن، يۇقۇملانغىنىغا 7 كۈن بولغاندا تەكشۈرۈلگەن. مۇسبەتلىك ئۇچرىنىلىش نىسبىتى 100% بولغان. بۇنى ELISA ئۇسۇلى بىلەن AGID ئۇسۇلىغا سېلىشتۇرغاندا، تەكشۈرۈش ۋاقتى (AGID نىڭ 56 — 230 كۈن، ELISA 31 — 55 كۈن) ئىلگىرى سۈرۈلگەن ھەمدە ئىشەنچلىك بولۇشى چەت ئەللەردە خەۋەر قىلىنغانلىرى بىلەن بىردەك بولۇپ چىققان.

گۈلزار

## توخۇ چوڭ ئۈچەي باكتېرىيە كېسىلى ۋە ئۇنى ئىممۇنىتېتلاپ ئالدىنى ئېلىش ئۈستىدە تەتقىقات

بۇ تۈر شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى مال دوختۇرلۇق تەتقىقات ئورنىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تاماملىنىپ، 1999 - يىل 1 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى.

توخۇ چوڭ ئۈچەي تاياقچە باكتېرىيىسى كېسىلى كېسەل پەيدا قىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە چوڭ ئۈچەي ئېغىشتېن باكتېرىيىسى (E. Coli) پەيدا قىلىدىغان، كۆپ ئۇچرايدىغان، كۆپ قوزغىلىدىغان پۈتۈن بەدەن خاراكتېرلىك كېسەل بولۇپ، توخۇلاردا ھەر يىلى دېگۈدەك قوزغىلىدۇ.

تۈر گۇرۇپپىسى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، توخۇ چوڭ ئۈچەي تاياقچىسىمان باكتېرىيىسىنى يوقىتىدىغان ئاكتىپ ۋاكسىنانى توخۇغا ئېچكۈزۈش، بۇرنىغا تېمىتىش، ئوكۇل قىلىپ سېلىشنىڭ ئىممۇنىتېتلىق ئۈنۈمىنى سېلىشتۇرۇش سىنىقى ئېلىپ بارغان، سىناق ئارقىلىق، ۋاكسىنانى ئىچكۈزۈش، بۇرۇنغا تېمىتىش ئارقىلىق ئىممۇنىتېتلاش ئۈنۈمگە يەتكىلى بولىدىغانلىقىنى بايقىغان، بۇنىڭ ئىچىدە رۇدىغا تېمىتىپ ئىممۇنىتېتلاشنىڭ كۈچلۈك زەھەرگە بولغان زەربە بېرىش ($6.75 \times 10^{7}$CFU) ئىقتىدارى 100% مۇھاپىزەت قىلىش نىسبىتىگە ئىگە بولۇپ چىققان، بۇنىڭ بىلەن ۋاكسىنانى ئوكۇل قىلىپ ئۇرمايمۇ ئۆي قۇشلىرىدا بولىدىغان چوڭ ئۈچەي تاياقچىسىمان باكتېرىيە كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش يولىنى تونجى بولۇپ ئېچىپ بەرگەن. تۈرنى يولغا قويۇش داۋامىدا 3 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىندى.

گۈلزار

## سېللۇلوزىنى پارچىلىغۇچى باكتېرىيىلىك كلوستىرىدىيوم باكتېرىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات

بۇ تۈر شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى

بەم - خەشەك تەتقىقات گورنىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تاماملىنىپ، 1999 - يىل 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى.

تۈر گۇرۇپپىسى تەتقىقات خىزمىتىنى كلوستىرىدىيۇم باكتېرىيىسىنى تەتقىق قىلىش بىلەنلا چەكلەپ قويماي، چولڭ قېرىنىدىكى سېللۇلوزىنى پارچىلىغۇچى قوش ئوكسىگېن خۇسۇسىيەتلىك باكتېرىيە، چولڭ قېرىنىدىكى ئانا ئېروبلۇق ھەقىقىي زەمبۇرۇغنىڭ ئاجرىلىپ تاللانغان سېللۇلوزىنى پارچىلىغۇچى مىكرو ئورگانىزملىق مەنبەسى ۋە ئەۋرىشكىسىنى يىغىش، سېللۇلوزىنى پارچىلىغۇچى مىكرو ئورگانىزمنى يېتىشتۈرۈش، ئانا ئېروبلۇق ھەقىقىي باكتېرىيىنى يېتىشتۈرۈش، ئاجرىتىش، باھالاپ بېكىتىش، سېللۇلوزىنى پارچىلىغۇچى باكتېرىيىلەرنى بېكىتىش ھەمدە ئىچكى گلۇكوز پولىمېرازىنىڭ چەكلەش خۇسۇسىيىتىنى بېكىتىپ ئانالىز قىلىش، سېللۇلوزىنى پارچىلىغۇچى باكتېرىيىنىڭ ئوكسىگېنگە چىدامىلىق خۇسۇسىيىتىنى ئۆلچەپ بېكىتىش، ئوخشاش بولمىغان چولڭ قېرىن مىكرو ئورگانىزملىرىنىڭ شاخ - سامانلارنى سۇسلاشتۇرۇشقا بولغان تەسىرى، ئانا ئېروبلۇق ھەقىقىي باكتېرىيىنىڭ ئارىلاشما ئوت - چۆپنى بەدەن سىرتىدا سۇسلاشتۇرۇشقا بولغان تەسىرى، كلوستىرىدىيۇم باكتېرىيىسىنى قويلارنىڭ چولڭ قېرىنىغا كىرگۈزۈپ تىرىك ساقلاش ۋە ئۇنىڭ شاخ - سامانلارنى سۇسلاشتۇرۇشقا بولغان تەسىرى قاتارلىقلار ئۈستىدە كۆپلىگەن تەجرىبىخانا ئانالىزى ئېلىپ بارغان ھەمدە بەلگىلەنگەن مۇددەتتىكى ئۇنۇمگە ئېرىشكەن. بۇ تۈرنى تەتقىق قىلىش جەريانىدا جەمئىي 4 پارچە ئىلمىي ماقالە يېزىپ چىقىلدى.

گۈلزار

## ئورمانچىلىق

### ئىلى رايونىدىكى ياۋايى ھايۋانات بايلىقىنى تەكشۈرۈش، مۇھاپىزەت قىلىش ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىش

بۇ تۈرنى شىنجاڭ غەربىي تەڭرىتاغ ئورمانچىلىق ئىدارىسى بىلەن غەربىي شىمال خەۋپ ئىچىدە قالغان ھايۋانات تەتقىقات ئورنى بىرلىكتە تاماملىدى، بۇ تۈر 1999 - يىل 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى. تەتقىقات نەتىجىسىنىڭ ئۇنىۋېرسال تېخنىكا سەۋىيىسى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتتى.

بۇ تۈردە دالا خىزمىتى ئارقىلىق كەسمە لىنىيە بويىچە ئەۋرىشكە ئېلىش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، ئىلى رايونىدىكى قۇرۇقلۇقتا ياشايدىغان ئومۇرتقىلىق ھايۋانلار بايلىقى زاپىسى، تۈر تۈركۈملىرى ھەمدە ئۇلارنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى سىستېمىلىق تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان. ئىلى رايونىدا قۇرۇقلۇق ئومۇرتقىلىق ھايۋانلىرىنىڭ 331 تۈرى بار، بۇنىڭ ئىچىدە قوش ماكانلىقلار 4 تۈر، يەر بېغىرلىغۇچىلار 16 تۈر، قۇشلار 249 تۈر (بۇنىڭ ئىچىدە مەملىكەت بويىچە يېڭىدىن خاتىرىلەنگەن 2 تۈر، 2 كەنجى تۈر بار)، چولڭ ھايۋانلار 62 تۈر؛ دۆلەت تەرىپىدىن 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋان 9 خىل، 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋان 50 خىل، ئاپتونوم رايون بويىچە 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋان 13 خىل، 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋان 11 خىل. تەكشۈرۈش جەريانىدا، ئومۇرتقىلىق ھايۋانلارنىڭ ئەۋرىشكىسىدىن 1250ى، 230 تۈرى يىغىۋېلىندى؛ ئېكولوگىيىلىك ئەۋرىشكىسىدىن 230 نومۇرلۇق ئەۋرىشكە ياسالدى ھەمدە تەتقىقات ۋە كۆرگەزمە قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ھايۋانات ئەۋرىشكىخانىسى قۇرۇلدى، «گۈزەل كوردى» ناملىق مەخسۇس فىلىم ئىشلەندى.

بۇ تۈرنىڭ يولغا قويۇلۇشى رايون تەۋەسىدىكى ياۋايى ھايۋانلارنى ئۈنۈملۈك قوغداش، پەرۋىش قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش، شىنجاڭدىن غەربىي شىمال رايونلىرىغىچە بولغان ئىچكى قۇرۇقلۇقتا ياشايدىغان ھايۋانلارنىڭ كۆپ خىللىقىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭدىن مەڭگۈ پايدىلىنىشتا مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش رولىغا ئىگە.

لىن شىڭخۇي

### ياۋا بادام تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدىكى كېسەللىك - ھاشارات زىيانداشلىقىنى تەكشۈرۈش ۋە ئۇنى ھەر تەرەپلىمە تىزگىنلەش تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات

بۇ تۈرنى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ئورمان ئوت ئاپىتىدىن مۇداپىئە كۆرۈش پونكىتى تاماملىدى، بۇ تۈر 1999 - يىل 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى، تەتقىقات نەتىجىسىنىڭ ئومۇمىي تېخنىكا سەۋىيىسى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتتى.

ياۋا بادام دۇنيادا يوقىلىش ئالدىدا تۇرغان ئۆسۈملۈك تۈرى بولۇپ، ئاساسەن، تارباغاتاي رايونىغا تارقالغان، ياۋا بادامدا بولىدىغان كېسەللىك - ھاشارات زىيانداشلىقىنى تىزگىنلەش تېخنىكىسى ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى قانات يايدۇرۇش

جانلىقلارنىڭ كۆپ خىللىقىنى قوغداپ، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇ تۈردە ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ياۋا بادام تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدىكى ئاساسلىق كېسەللىك ھاشارات زىيانداشلىقى ۋە كۆشەندە تۈرلىرى ئېنىقلاپ چىقىلغان، ياۋا بادامغا زىيان سالىدىغان ئاساسلىق زىيانلىق ھاشاراتلارنىڭ بىئولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتى ۋە ياشاش ئادىتى ئىگىلىۋېلىنغان. مۇشۇ ئاساستا ياۋا بادامدىكى ئاساسلىق كېسەللىك - ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تېخنىكىسى تەتقىق قىلىپ بېكىتىلگەن، ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك.

تەجرىبە داۋامىدا، بىر يېڭى تۈر، مەملىكەت ئىچىدە يېڭىدىن خاتىرىلەنگەن 44 تۈر بايقالدى، كېسەللىك - ھاشارات ئەۋرىشكىسىدىن 4205 نومۇر يىغىلدى ۋە ياسالدى، بۇنىڭ ئىچىدە كېسەل زىيانداشلىقىغا دائىر 65 نومۇر بار. ئۇ، 9 ئەترەت، 12 ئائىلە، 37 تۈرگە تەۋە. ھاشارات ئەۋرىشكىسى 4140 نومۇر بولۇپ، 10 ئەترەت، 77 ئائىلە، 405 تۈرگە تەۋە. ئۇنىڭدىن باشقا مۇھاپىزەت رايونىدا پايدىلىق قۇشتىن 20 تۈر، زىيانلىق ھاشارات كۆشەندىسىدىن 34 تۈر بايقالدى. ئورماندىكى كېسەللىك - ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش جەريانىدا «بادام مۇھاپىزەت رايونىدىكى كېسەللىك - ھاشارات زىيانداشلىقى ئۇچۇر سىستېمىسى» بەرپا قىلىنىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئورمانلارنى مۇھاپىزەت قىلىش - باشقۇرۇش تېخنىكىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئاساس سېلىندى.

لىن شىڭخۇي

## چەت ئەلدىن ئەلا سۈپەتلىك 4 خىل دەرەخ سورتىنى كىرگۈزۈپ يەرلەشتۈرۈش ئۈستىدە تەتقىقات

بۇ تۈرنى شىنجاڭ ئورمانچىلىق پەن تەتقىقات يۇرتى ئورمان بەرپا قىلىش - قۇم تىزگىنلەش تەتقىقات ئورنى تاماملىدى، 1999 - يىل 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئورمانچىلىق نازارىتى ئۇيۇشتۇرغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى. تەتقىقات نەتىجىسىنىڭ ئومۇمىي تېخنىكا سەۋىيىسى مەملىكەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى.

بۇ تۈردە ساڭگىلما ئاق قېيىن، شىنجاڭ قىزىل قارىغىيى، ياۋروپا قارا قارىغىيى ۋە ئامېرىكا سېرىق قارىغىيى قاتارلىق 4 دەرەخ سورتى كىرگۈزۈلۈپ، يەرلەشتۈرۈلۈپ، دەسلەپكى قەدەمدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى.

1. 4 خىل دەرەخنىڭ ئۆسۈش ئالاھىدىلىكى، بىئولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتى ئىگىلىۋېلىنىپ، كۆچەت يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسى، ئورمان بەرپا قىلىش تېخنىكىسى، ئۇلاش تېخنىكىسى، ئۇلانغان نوتىلارنىڭ ئەجداتلىق يىغىندا كۆچى ھەمدە تاقابىلچانلىق خۇسۇسىيىتى قاتارلىق تەرەپلەردە سىستېمىلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىلىپ، كىرگۈزۈلگەن سورتلارنى يەرلەشتۈرۈشنىڭ مۇكەممەل تېخنىكىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. كىرگۈزۈلگەن دەرەخ سورتلىرى 30℃. تۆۋەن تېمپېراتۇرىدا، نىسپىي نەملىكى %9، ھەربىر كىلوگرام ئۇرۇقنىڭ تۇز مىقدارى 14.6 — 37.7 گرام بولغان ناچار مۇھىتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكۈزۈلدى، ئۆسۈشى ناھايىتى ياخشى بولدى، ھەر قانداق مۇھاپىزەت قىلىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش ھاجەتسىز، قىش ۋە يازدىن نورمال ئۆتەلەيدۇ ھەمدە ئەسلىدە ئۆسكەن جايىدىكى ئەڭ ياخشى خۇسۇسىيىتىنى ساقلاپ قالالايدۇ.

2. ئۇرۇقداشلار ئارا ئۇلاش تېخنىكىسى ئارقىلىق كىلاتالىق تۇپراقتا ئۆستۈرۈلگەن شىنجاڭ قىزىل قارىغىيى ئۇرۇقىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا شورلۇق تۇپراقتا تېرىش ئۇسۇلى ھەمدە ساڭگىلما ئاق قېيىن، ياۋروپا قارا قارىغىيى، ئامېرىكا سېرىق قارىغىيىنى قۇرغاق، يېرىم قۇرغاق رايونلاردا ئۆستۈرۈش تەتقىقاتى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى.

3. تەجرىبە قىلىش بىلەن كېڭەيتىش زىچ بىرلەشتۈرۈلۈپ كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ تۈردە دەرەخ كۆچىتىدىن 20 مىڭ تۈپ كىرگۈزۈلۈپ، شىمالدا ئالتاي رايونلىرىغىچە، جەنۇبتا كورلا شەھىرىگىچە كېڭەيتىلىپ، 3 مىليون 25 مىڭ يۈەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

لىن شىڭخۇي

# ئىجتىمائىي پەن

## ئاپتونوم رايونلۇق 4 - نۆۋەتلىك ئىجتىمائىي پەن مۇنەۋۋەر نەتىجىلىرىنى مۇكاپاتلاش يىغىنى

بۇ يىغىن 1999 - يىل 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئۈرۈمچىدە داغدۇغىلىق ئېچىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن، بۇ نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر نەتىجىلەر بويىچە مۇكاپاتلىنىدىغان ۋەكىللەر ھەمدە ھەر قايسى ئالىي مەكتەپلەر، ئىجتىمائىي پەن نەزەرىيە تەتقىقات تارماقلىرى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئالاقىدار ئورۇنلاردىكى مۇتەخەسسىس، ئالىملارنىڭ ۋەكىللىرى بولۇپ جەمئىي 300

دىن ئارتۇق كىشى يىغىنغا قاتناشتى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قېيۇم باھاۋۇدۇن، ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەتتىمىن زاكىرلار يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە سۆز قىلدى. بىڭتۇەننىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى ۋاڭ گۇيجېن، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى فېڭ داجېن قاتارلىق رەھبەرلەرمۇ يىغىنغا قاتناشتى.

239 تۈرلۈك نەتىجە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەرەپ مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن تۈر 7، 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن تۈر 15، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن تۈر 39، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن تۈر 101، ياشلارنىڭ نادىر ئەسەرلىرى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن تۈر 16، مۇنەۋۋەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن تۈر 61. بۇلار ئاپتونوم رايوننىڭ 1994 — 1996 - يىللاردىكى ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىنىڭ مول نەتىجىلىرىنى تولۇق نامايان قىلدى.

ۋاڭ شىنخې

## شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىنغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش ئىلمىي سۆھبەت يىغىنى

بۇ يىغىننى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى بىلەن شىنجاڭ تارىخ ئىلمىي جەمئىيىتى 1999 - يىل 9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئاچتى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەتتىمىن زاكىر بىڭتۇەننىڭ سابىق مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى جاۋ يۈجىڭ، ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى فېڭ داجېن قاتارلىق رەھبەرلەر ھەمدە ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىس، ئالىملار بولۇپ 50 تىن ئارتۇق كىشى يىغىنغا قاتناشتى.

مۇئاۋىن رەئىس مەتتىمىن زاكىر يېرىم ئەسىر ئىلگىرى شىنجاڭدىكى ھەر ساھە زاتلىرى ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى رەھبەرلىرىنىڭ ج ك پ نىڭ رەھبەرلىكى ۋە تەشكىللىشى ئاستىدا، شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرغانلىق تارىخىي جەريانىنى تونۇشتۇرۇپ، شىنجاڭنى تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىشتىن ئىبارەت غايەت زور تارىخىي تۆھپىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى، ھازىرقى باسقۇچتا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تەستە قولغا كەلگەن مۇقىملىق ۋەزىيىتىنى قەدىرلەش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى تىرىشىپ قوغداش، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئارزۇسى ۋە ئىرادىسىنى ئىپادىلىدى. شىنجاڭنى تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىشنىڭ بىر قانچە نەپەر شاھىدى ۋە شىنجاڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىدىغان مۇتەخەسسىس، ئالىملار يىغىندا شىنجاڭنى تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىش مەزگىلىدىكى بەزى تارىخىي پاكىتلارنى ئەسلەپ، شىنجاڭنى تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىشنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتىنى ھەر تەرەپلىمە چۈشەندۈرۈپ ئۆتتى.

ۋاڭ ۋېنجۇ

## شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن ئىشلىرىنىڭ 50 يىللىقى سۆھبەت يىغىنى

بۇ يىغىننى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى بىلەن «شىنجاڭ گېزىتى» بىرلىكتە 1999 - يىل 9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئاچتى. سۆھبەت يىغىنىغا ھەر مىللەت ئىجتىمائىي پەن مۇتەخەسسىسلىرى، ئالىملىرىدىن ئاز كەم 50 كىشى قاتناشتى. ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ سابىق رەئىسى بادەي، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى فېڭ داجېن قاتارلىق رەھبەرلەرمۇ سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى.

يىغىندا يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 50 يىلدىن بۇيانقى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسى ئەسلەپ ئۆتۈلدى ھەمدە نۆۋەتتە ئاپتونوم رايوننىڭ ئىجتىمائىي پەن ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر ۋە ئىجتىمائىي پەن ئىشلىرىنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى قاتارلىق مەزمۇنلار ئۈستىدە كەڭ ھەم چوڭقۇر مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلدى.

ۋاڭ شىنخې

## بۈگۈنكى شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتى ھەققىدىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى

بۇ يىغىننى ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى بىلەن ش ئۇ ئا ر پارتكوم پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى بىرلىكتە 1999 - يىل 9 - ئاينىڭ 8 — 9 - كۈنلىرى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئاچتى. ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن، ئىلمىي ماقالىسى تاللانمىغا كىرگۈزۈلگەن ئاپتورلار، ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىس، ئالىملار ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ ۋەكىللىرى بولۇپ 80 دىن ئارتۇق ئادەم يىغىنغا قاتناشتى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جۇ شېڭتاۋ يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە مۇھىم سۆز قىلدى. يىغىندا 160 پارچە ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋېلىنىپ، 61 پارچە ئىلمىي ماقالە تاللانمىغا كىرگۈزۈلدى.

يىغىندا دۆلىتىمىز قۇرۇلغان 50 يىلدىن بۇيانقى ۋە شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىنغان 50 يىلدىن بۇيانقى

تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەشنى چۆرىدەپ، بۈگۈنكى شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقىدىكى چوڭ - چوڭ نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەرگە بىرلەشتۈرۈپ، چوڭقۇر مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى.

يىغىنغا قاتناشقۇچىلار مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: يېڭى جۇڭگونىڭ قۇرۇلۇشى ۋە شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىنىشى شىنجاڭ تارىخىدا يېڭى ئەسىر ئاچتى. 50 يىلدىن بۇيان، گەرچە بىزنىڭ خىزمەتلىرىمىزدە ئۇتۇقلۇق ۋە خاتالىقلار كۆرۈلگەن بولسىمۇ، بىراق، مۇقىملىق ۋە تەرەققىيات باشتىن - ئاخىر شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ باش تېمىسى بولۇپ كەلدى. پارتىيىنىڭ توغرا لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىدا پارلاق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن 20 يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايوننىڭ ئۇنىۋېرسال ئەمەلىي كۈچى بىر يېڭى تارىخىي باسقۇچقا ئۆرلىدى.

فاڭ ۋېنجيې

## شىنجاڭنىڭ 21 - ئەسىردىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى ئۈستىدىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى

بۇ يىغىننى ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى، بىڭتۇەن پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى، شىنجاڭ پائالىيەتشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى بىرلىكتە 1999 - يىل 10 - ئاينىڭ 11 — 12 - كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئاچتى. ئاپتونوم رايون ۋە بىڭتۇەننىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى، قىسمەن ئالىي مەكتەپلەر، كارخانا ساھەسىدىكىلەرنىڭ ۋەكىللىرى ۋە ئىلمىي ماقالە ئاپتورلىرى بولۇپ 80 دىن ئارتۇق كىشى يىغىنغا قاتناشتى. شېنجېن ئۇنىۋېرسىتېتى، جۇڭچىڭ شەھەرلىك پائالىيەتشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ۋەكىللىرى تەكلىپكە بىنائەن يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا 162 پارچە ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋېلىندى، ئۇنىڭ 78 پارچىسى تاللىنىپ توپلامغا كىرگۈزۈلدى.

فاڭ ۋېنجيې

## ئاساسىي قانۇننىڭ تۈزىتىلمىسىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش سۆھبەت يىغىنى

بۇ يىغىن شىنجاڭ قانۇن ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا 1999 - يىل 3 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. 40 تىن ئارتۇق مۇتەخەسسىس، ئالىم ھەمدە ج خ، ئەدلىيە قانۇن تارماقلىرىدىكى ئالاقىدار رەھبەرلەر يىغىنغا قاتناشتى. سۆھبەت يىغىنىدا ئاساسىي قانۇننىڭ تۈزىتىلمىسىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىشنى چۆرىدەپ، جۇڭگونىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن 20 يىلدىن بۇيان ھاسىل بولغان مۇساپىسىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى، مۇھىم تەسىرى ھەمدە ئاساسىي قانۇننىڭ يېڭىدىن تۈزىتىلگەن قىسمىنىڭ مەزمۇنى، رولى قاتارلىقلار ئۈستىدە كەڭ، چوڭقۇر مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى.

فاڭ ۋېنجيې

## ۋۇ دېڭيۈەندىن ئۆگىنىپ، پارتىيىۋىلىك - پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش بويىچە نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى

بۇ يىغىننى شىنجاڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى تەتقىقات جەمئىيىتى 1999 - يىل 6 - ئايدا ئۈرۈمچىدە ئاچتى. تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ كېڭەش ئەزاسى ۋە ئىلمىي ماقالە ئاپتورلىرىدىن بولۇپ 62 كىشى يىغىنغا قاتناشتى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى چېن دېمىن يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە مۇھىم سۆز قىلدى. يىغىنغا 64 ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇلدى، بۇنىڭ 46 پارچىسى تاللىنىپ توپلامغا كىرگۈزۈلدى.

يىغىنغا قاتناشقۇچىلار نۆۋەتتە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىك بەنزىلىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلار ئارىسىدا قانات يايدۇرۇلۇۋاتقان «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيە ھەرىكىتىنى چۆرىدەپ، ۋۇ دېڭيۈەننىڭ ئۆلگىلىك ئىش - ئىزلىرىدىن ئۆگىنىشكە بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى تارىخىي شارائىتتا پارتىيىۋىلىك - پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ ئۇسۇلى ۋە يولى ئۈستىدە بىر مۇنچە قىممەتلىك تەدبىر ۋە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

فاڭ ۋېنجيې

## شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ 1999 - يىلدىكى ئاساسلىق پەن تەتقىقات نەتىجىلىرى

1999 - يىلى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى پەن تەتقىقات خادىملىرى 12 ئەسەر تۈزۈپ نەشر قىلدۇردى، بۇلار:

«21 - ئەسىرگە يۈزلىنىش قىلغان شىنجاڭ» (ئىقتىسادىي توم، سىياسىي توم، مەدەنىيەت تومى)، «جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تەلىماتى»، «21 - ئەسىرگە يۈزلەنگەن شىنجاڭنىڭ ئۇستۇنلۇككە ئىگە بايلىقلىرىنى ئېچىش»، «جۇڭگو تارىخنامىلىرىدىكى قازاقلار تارىخىغا

دائىر تارىخىي ماتېرىياللاردىن تاللانغان تەرجىمىلەر» (1 - توم)، «مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلىشىمۇ، پاكى مىللىي بۆلگۈنچىلىكمۇ»، «21 - ئەسىرگە يۈزلەنگەن شىنجاڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈش ۋە ئېچىۋېتىش ئىستراتېگىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭدىكى ئىسلام خانلىقلىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «مىنگو دەۋرىدىكى شىنجاڭ تارىخى»، «قانۇنلاردىن تاللانما»، «ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى — ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدىن زامانىۋى ئۇسۇلغا يۈزلىنىش»، «جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىزنالىرى — 56 مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا نەزەر»، «شىنجاڭ قازاق مەدەنىيىتى ھەققىدە قايتا ئويلىنىش مەجمۇئەسى».

نەشر قىلىنغان تەرجىمە ئەسەر 3: «يېزۇ — زاڭزۇلارنىڭ چەكلەنگەن رايونلىرىغا سەپەر»، «مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرى»، «قازاق تارىخى ۋە ئۆرپ - ئادىتى». نەشر قىلىنغان ماقالىلار توپلىمى بىر: «ئەدەبىيات مەسىلىلىرى ئۈستىدە تەتقىقات».

ئۈستىگە ئالغان دۆلەتلىك ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات تۈرى 3، ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر بويىچە پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ھاۋالە قىلغان تېما 3، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھاتىنىڭ تەرەققىياتىغا دائىر باشقا تۈر 2، بۇلارنىڭ ھەممىسى 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى.

ئاپتونوم رايون ئىچى - سىرتىدا ئېلان قىلىنغان ماقالە، تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىش دوكلاتى 420 پارچە، تەرجىمە ماقالە 12 پارچە.

ژاڭ ۋېنجۇ

## شىنجاڭنىڭ ئەسىر ھالقىغان ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات

بۇ — ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 1998 — 1999 - يىللىق نۇقتىلىق تەتقىقات تېمىسى بولۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ 1998 - يىللىق ئىجتىمائىي پەن فوندى بويىچە مەبلەغ جەھەتتىن ياردەم بېرىش تۈرىگە كىرگۈزۈلگەن. 1999 - يىل 8 - ئايدا تېما ئۈستىدىكى تەتقىقات دوكلاتى تاماملىنىپ، 11 - ئايدا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى. تەتقىقات نەتىجىسى 8 مەخسۇس تېمىغا ئايرىلدى، ھەجمى 250 مىڭ خەت بولدى، ژاڭ شۇەنچيەن، جاۋ جېنمىڭ، فاڭ ۋېنجيېلەر باش مۇھەررىر بولدى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999 - يىل 12 - ئايدا نەشر قىلدى.

مۇتەخەسسىسلەر باھالاپ مۇنداق قارىدى: بۇ تۈردىكى نەتىجىنىڭ تەتقىقات مەۋقەسى يېڭى، نۇقتىئىنەزەرى يېڭى، ئىلمىي، ئۇ نەزەرىيىۋى چوڭقۇرلۇققا ۋە بىر قەدەر كۈچلۈك مەشغۇلاتچانلىققا ئىگە بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلىش، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى تۈزۈشتە مۇھىم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

فاڭ ۋېنجيې

## 4 تېما دۆلەتلىك ئىجتىمائىي پەن فوندىنىڭ مەبلەغ جەھەتتىن ياردەم بېرىشىگە ئېرىشتى

1999 - يىلى جۇڭگو پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى يوللىغان دۆلەتلىك ئىجتىمائىي پەن فوندى تۈرىدىكى 4 تېما تۈر قىلىپ تۇرغۇزۇلدى. ئۇلار: تەتقىقاتچى مياۋ پۇشېڭ باشچىلىق قىلغان تېما — «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋەت تارىخى»؛ تەتقىقاتچى دۇڭ جاۋۋۇ باشچىلىق قىلغان تېما — «شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونىدىكى خەلق كارخانىلىرى تۈزۈمىدە يېڭىلىق يارىتىشنى ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلاش ئۈستىدىكى تەتقىقات — گۇاڭخۇي كارخانا گۇرۇھى توغرىسىدا»؛ كاندىدات تەتقىقاتچى زامىر سەيدۇللا باشچىلىق قىلغان تېما — «ئەرەب - فارس ئەدەبىياتىدىكى «ئارۇز ۋەزنى» نەزەرىيىسى ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ تۈركىي تىل كىلاسسىك ئەدەبىياتى»؛ كاندىدات تەتقىقاتچى سۇڭ جيەنخۇا باشچىلىق قىلغان تېما — «شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونىدىكى ناھىيە بازارلىرى ئىقتىسادىدا يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈش مەسىلىسى ئۈستىدە تەتقىقات». بۇ 4 تېما 156 مىڭ يۈەن مەبلەغ ياردىمىگە ئېرىشتى.

بۇ 4 تېما ئاپتونوم رايوننىڭ 1999 - يىللىق دۆلەتلىك ئىلىم - پەن فوندى مەبلەغ ياردىمى ئومۇمىي مىقدارىنىڭ بەشتىن ئىككى قىسمىنى ئىگىلىدى.

ژاڭ ۋېنجۇ

## پانتۈركىزملىق مەدەنىيەت قارىشى ئۈستىدە تەنقىد ۋە تەتقىقات باھالاشتىن ئۆتتى

بۇ تېمىغا شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، كاندىدات تەتقىقاتچى چېن يەنچى رىياسەتچىلىك قىلغان. تەتقىقات نەتىجىسىدە، ماركسىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇل قوللىنىپ، جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈلۈپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى يېتەكچى قىلىنىپ، پانتۈركىزملىق مەدەنىيەت قارىشىنىڭ بارلىققا كېلىشى، تەرەققىياتى، تارىخىي ئۆزگىرىشى، ئىپادىلىنىش شەكلى، ماھىيىتى، رولى ھەمدە ئۇنىڭ پانتۈركىزمچىلارنىڭ سىياسىي پائالىيەتلىرى بىلەن بولغان

ئىچكى - تاشقى مۇناسىۋىتى ئۈستىدە سىستېمىلىق تەھلىل يۈرگۈزۈلگەن؛ بولۇپمۇ پانتۈركىزمنىڭ مەدەنىيەت قارىشى بىلەن بۇرژۇئا مىللەت نەزەرىيىسىنىڭ مۇناسىۋىتى، غەرب «تۈركىيشۇناسلىقى» بىلەن پانتۈركىزملىق مەدەنىيەت قارىشىنىڭ مۇناسىۋىتى قاتارلىقلار چوڭقۇر پاش قىلىنغان ۋە تەنقىد قىلىنغان. مۇتەخەسسىسلەر كۆرۈپىسى مۇنداق دەپ قارىدى: بۇ نەتىجە مۇھىم نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتىكى ياخشى دەرسلىك. غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا مىللەتلەر سىياسىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە يەنىمۇ ياخشىلاش جەھەتتە تەدبىر بەلگىلەشتە پايدىلىنىش ئەھمىيىتىگە ئىگە.

1999 - يىل 12 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، بۇ نەتىجە ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن پىلانلاش ئىشخانىسىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى.

ۋاڭ شياۋمېي

## «ئىسلام ئەسلى تەرىقەتچىلىرى چېكىدىن ئاشقان كۆچلىرى مەسىلىسى ۋە ئۇلارغا قارىتىلغان تەدبىر ئۈستىدە تەتقىقات» يولغا قويۇلدى

دىنىي مەسىلە تەتقىقاتىنى كۈچەيتىش، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش خىزمىتىنى نىشانلىق قانات يايدۇرۇشنىڭ تەدبىرلىرىنى بەلگىلەشكە ئاساس يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، ش ئۇ ئا ر پىلانلاش ئىشخانىسى بۇ تۈرنى ئاپتونوم رايوننىڭ 1999 - يىللىق ئىجتىمائىي پەن فوندى تۈرى قىلىپ تۇرغۇزۇشنى قارار قىلغان ھەمدە بۇنى ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە ھاۋالە قىلغانىدى. بۇ تېمىغا دىن تەتقىقات ئورنىدىكى ليۇ جۇڭكاڭ رىياسەتچىلىك قىلدى، ئۇ ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار مەشھۇر مۇتەخەسسىسلەرنى ۋە ئەمەلىي خىزمەت تەجرىبىسىگە ئىگە ۋىلايەت، ناھىيە رەھبەرلىرىنى تەشكىللەپ، شىنجاڭدىكى رېئال دىنىي مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلدى. تېما گۇرۇپپىسى 1999 - يىلى يېزىلارغا بېرىپ چوڭقۇر تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇن ماتېرىيال ئىگىلەپ، بىر تۈركۈم نەتىجىنى قولغا كەلتۈردى.

ۋاڭ ۋېنجۇ

## شىنجاڭ موڭغۇل ئەدەبىياتى مۇھاكىمە يىغىنى

بۇ يىغىن 1999 - يىل 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ئېچىلدى. ئۈرۈمچىدىكى موڭغۇل ئالىملار، ئوبزورچىلار، مۇھەررىرلەر بولۇپ 20 كىشى يىغىنغا قاتناشتى. مۇتەخەسسىسلەر ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن 20 يىلدىن بۇيانقى شىنجاڭ موڭغۇل ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات يولىنى ئەسلەپ ئۆتتى، ئۇلار موڭغۇل ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ پارتىيە مىللەتلەر سىياسىتىنىڭ توغرا يېتەكچىلىكىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەندە، ساقلانغان مەسىلىلەرنىمۇ سەممىيلىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ، تۈزىتىشنىڭ كونكرېت تەدبىرلىرىنى كۆرسەتتى.

ۋاڭ ۋېنجۇ

## ئاپتونوم رايونلۇق ماركېتلىق ۋە ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىش نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى

بۇ يىغىننى ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى، شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى ئىدارىسى، شىنجاڭ ماركېتلىق ئىلمىي جەمئىيىتى بىرلىكتە 1999 - يىل 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئاچتى. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر قايسى ئالىي مەكتەپلەر، پەن تەتقىقات ئاكادېمىيە (ئورۇن)لىرى ۋە ھەرخىل كارخانىلارنىڭ ۋەكىللىرى بولۇپ 120 دىن ئارتۇق كىشى يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا 118 پارچە ماقالە تاپشۇرۇلدى، 47 پارچە ماقالە ئالماشتۇرۇلدى.

يىغىنغا قاتناشقانلار مۇنداق دەپ قارىدى: سېتىۋالغۇچىلار بازىرى شەكىللىنىپ بولغان، بازار رىقابىتى كۈنسايىن كەسكىنلىشىۋاتقان شارائىتتا، كارخانىلار مەزمۇت پۇت دەسسەپ تۇرماقچى، راۋاجلانماقچى بولىدىكەن، ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت پائالىيەتلىرىدە ھازىرقى زامان ماركېتلىق نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىشى، پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدە شەكىللەنگەن مەھسۇلاتنى مەركەز قىلىشتىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى كۆز قاراشنى ئۆزگەرتىپ، بازارنى يېتەكچى قىلىش، خېرىدارلارنىڭ ئېھتىياجىنى مەركەز قىلىشتىن ئىبارەت تىجارەت كۆز قارىشىنى تىكلىشى لازىم.

فاڭ ۋېنجيې

## ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىپ، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدا بازار ئېچىش بويىچە مۇھاكىمە يىغىنى

بۇ يىغىننى چارۋىچىلىق نازارىتى، شىنجاڭ ماركېتلىق ئىلمىي جەمئىيىتى، ئۈرۈمچى جىپىڭ چارۋىچىلىق تېخنىكا تەرەققىيات مەركىزى بىرلىكتە 1999 - يىل 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئاچتى. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر

ئاكادېمىيىسى، شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەن تەتقىقات ئورنى، چارۋىچىلىق نازارىتى مال دوختۇرلۇق باش پونكىتى، ش ئۇ ئا ر دورا تەكشۈرۈش ئورنى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىنستىتۇتى، ش ئۇ ئا ر پارتىيە مەكتىپى قاتارلىق ئورۇنلاردىكى مۇتەخەسسىس، ئالىملار، گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى، خېبېي، شەنشى، جياڭسۇ، شېنجېن ۋە شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلىرى، بىڭتۇەننىڭ قىسمەن تۇەن - مەيدانلىرىدىكى زاۋۇت، سودا ئورۇنلىرى ھەمدە ئاخبارات ساھەسىنىڭ ۋەكىللىرى بولۇپ، 150 نەچچە كىشى يىغىنغا قاتناشتى. يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار شىنجاڭ ماركېتىڭ ئىلمىي جەمئىيىتىدىكى 2 يولداش بەرگەن مەخسۇس تېمىدىكى دوكلاتنى ئاڭلىدى، شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى بازارلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى، يوشۇرۇن ئېھتىياجى ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ باردى.

شياۋ دى

## گۇاڭخۇي ئەندىزىسى ۋە ئۇنىڭ شىنجاڭنىڭ بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇش ئىستراتېگىيىسىدىكى ئورنى

بۇ مۇھاكىمە يىغىنى 1999 - يىل 3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. «نۇر گېزىتى» تەھرىر بۆلۈمى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ۋە گۇاڭخۇي كارخانا گۇرۇھى بىرلىشىپ ئاچتى. مەملىكەت بويىچە مەشھۇر مۇتەخەسسىس، ئالىملار، شىنجاڭدىكى مۇتەخەسسىس، ئالىملاردىن 70 تىن ئارتۇق كىشى تەكلىپ قىلىندى. مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ ۋېنيۈەن، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى خۇ دېيىڭ، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى چېن جياگۇي ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەتتىمىن زاكىر قاتارلىق رەھبەرلەر يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە مۇھىم سۆز قىلدى.

يىغىندا تۆۋەندىكى مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ چوڭقۇر، كەڭ سۆھبەت ۋە مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلدى: 1. شىنجاڭ گۇاڭخۇي كارخانا گۇرۇھىنىڭ 10 يىلدا بېسىپ ئۆتكەن يولى ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگودا، بولۇپمۇ غەربىي رايون ۋە شىنجاڭدا ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنىڭ ئىستىقبالى بار. 2. شىنجاڭ گۇاڭخۇي كارخانا گۇرۇھى شىنجاڭنىڭ تەبىئىي ئەۋزەللىكىنى ئاساس قىلىپ، تاش ماتېرىيالدىن ئىبارەت بۇ كوزىر مەھسۇلاتنى يارىتىپ ئۆزىنىڭ تەرەققىيات نىشانىنى تېپىۋالدى. 3. ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىكى يەككە ئىگىلىك ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىككە ياخشى ئۆسۈپ يېتىلىش مۇھىتى ۋە شارائىتى يارىتىپ بەرگەچكە، شىنجاڭدىكى خۇسۇسىي ئىگىلىك غەربىي رايوننى بولۇپمۇ شىنجاڭنى ئېچىشتا ئۆز ماھارىتىنى كۆرسەتتى. گۇاڭخۇي كارخانا گۇرۇھى — تېز يېتىلىۋاتقان يېڭى كۈچلەرنىڭ تىپى. 4. مەملىكەت بويىچە ھەممە غەربىي رايونغا ۋە شىنجاڭغا كۆز تىكىۋاتقان ئەۋزەللىكتىن پايدىلىنىپ، گۇاڭخۇي كارخانا گۇرۇھىدەك مۇشۇنداق خۇسۇسىي ئىگىلىكنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشنى شىنجاڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش، شىنجاڭنىڭ بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنىڭ مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە قويۇپ، شىنجاڭ ئىقتىسادىدا بىر زور سەكرەش، زور ھالقىش ھاسىل قىلىش لازىم.

ۋاڭ ۋېنجۇ

## ئارخىپخانىلارنىڭ كەسپىي قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى

بۇ يىغىننى ش ئۇ ئا ر ئارخىپ ئىلمىي جەمئىيىتى 1999 - يىل 10 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە ئاقسۇ شەھىرىدە ئاچتى. ئاپتونوم رايون بويىچە 70 تىن ئارتۇق ئارخىپ خادىمى يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىنغا قاتناشقانلار يېڭى ئەسىرگە يۈزلەنگەن ئارخىپخانا ئۆل كەسىپ قۇرۇلۇشىنى قېلىپلاشتۇرۇش، باشقۇرۇشنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ۋە ئىختىساسلىقلارنى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەش، ئارخىپخانا خادىملىرىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ چوڭقۇر مۇھاكىمە ئېلىپ باردى، نۇرغۇنلىغان ياخشى تەكلىپ ۋە تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

يىغىندا يەنە 1 - دەرىجىلىك 2 ماقالە، 2 - دەرىجىلىك 4 ماقالە، 3 - دەرىجىلىك 6 ماقالە باھالاپ چىقىلىپ، مۇكاپاتقا ئېرىشكۈچىلەرگە گۇۋاھنامە ۋە مۇكاپات بېرىلدى.

ۋاڭ ۋېنجيې

## «21 - ئەسىرگە يۈرۈش قىلغان شىنجاڭ» نامىلىق 3 توملۇق كىتابنى تارقىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى

بۇ مۇراسىم شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ باشچىلىقىدا 1999 - يىل 12 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئۆتكۈزۈلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى قاتارلىق 10 نەچچە ئورۇندىن 80 دىن ئارتۇق كىشى مۇراسىمغا قاتناشتى.

«21 - ئەسىرگە يۈزلىنىۋاتقان شىنجاڭ» (سىياسىي توم، ئىقتىسادىي توم، مەدەنىيەت تومى) دىن ئىبارەت 3 توملۇق ئەسەرنى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ شۈەنچيەن تۈزگەن، ئۇنىڭغا 30 دىن ئارتۇق مۇتەخەسسىس، ئالىمنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى كىرگۈزۈلگەن، كىتابنىڭ ھەجمى 1 مىليون خەتتىن ئاشىدۇ.

ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىتلار كىتابقا كىرىش سۆز ۋە بېغىشلىما يېزىپ بەردى.

ۋاڭ شياۋمېي

## «مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلىشمۇ ياكى مىللىي بۆلگۈنچىلىكمۇ»

بۇ كىتابنى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى ئورنىنىڭ باشلىقى، تەتقىقاتچى پەن جىپىڭ تۈزگەن، 1999 - يىل 4 - ئايدا نەشر قىلىنغان، ھەجمى 270 مىڭ خەت.

بۇ مەخسۇس ئەسەر — زامانىمىزدىكى مىللىي ئايرىمىچىلىقنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلمىي ئەسەر، ئۇنىڭدا تەتقىق قىلىنغان باش تېما مىللەت ۋە زامانىمىزدىكى مىللىي ئايرىمىچىلىقتىن ئىبارەت.

ئاپتور دۇنيادىكى كۆپ مىللەتلىك دۆلەتلەرنىڭ مىللەتلەر مەسىلىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك كۆزىتىپ ۋە مۇھاكىمە قىلىپ، زامانىمىزدىكى مىللەت، مىللىي ئالڭ، مىللەتلەر ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش، مىللىي ئايرىمىچىلىق، مىللىي بۆلگۈنچىلىك قاتارلىق چوڭ - چوڭ مەسىلىلەر ئۈستىدە چوڭقۇر قائىدىلىك ئەقلىي مۇلاھىزە ئېلىپ بارغان ھەمدە ئىجادىي قاراش ۋە نەزەرىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ كىتاب «بەش بىر قۇرۇلۇشى» فوندىنىڭ مەبلەغ ياردىمىگە ئېرىشتى، بازارغا سېلىنغاندىن كېيىن كىتابخانلارنىڭ كەڭ دىققەت - ئېتىبارىغا ئېرىشتى.

ۋاڭ ۋېنجۇ

## پەن تەتقىقات نەتىجىلىرى ۋە پەن تەتقىقات خادىملىرىنىڭ مۇكاپاتلىنىش ئەھۋالى

1999 - يىلى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى، تەتقىقاتچى پەن جىپىڭنىڭ «ماركسىزملىق دۆلەت قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك شانلىق ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرايلى» دېگەن نەزەرىيىۋى ماقالىسى مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى «بەش بىر قۇرۇلۇشى» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى، كاندىدات تەتقىقاتچى بېكسۇلتانغا جۇڭگو خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەمئىيىتى تەرىپىدىن «ئەخلاق ۋە ماھارەتتە تەڭ يېتىلگەن 100 نادىر ئەدەبىيات - سەنئەت خادىمى» نىڭ بىرى، دېگەن نام بېرىلدى ھەمدە ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى تەرىپىدىن تەقدىرنامە بېرىلدى.

ش ئۇ ئا ر ساياھەت ئىدارىسى بىلەن شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسى بىرلىكتە ئاچقان شىنجاڭ ساياھەتچىلىك كەسپىنىڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى ۋە مەبلەغ سېلىش بويىچە كېڭەشىش - مۇھاكىمە يىغىنىدا شېن جۈنلىنىڭ «شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىدىكى ئۈستۈنلۈك ۋە ئاجىزلىق» سەرلەۋھىلىك ماقالىسى، جۇ شياۋنىڭ «بايلىق تىپىدىكى ئىگىلىكتىن مۇلازىمەت خاراكتېرىدىكى ئىگىلىككىچە» سەرلەۋھىلىك ماقالىسى، جۇڭ گاۋ يازغان «شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى بۈيۈك مەدەنىيەت قارىشى» سەرلەۋھىلىك ماقالىسى، شيا لېيمىڭنىڭ «يىپەك يولى ۋە شىنجاڭ ساياھەتچىلىكى» سەرلەۋھىلىك ماقالىسى، ۋاڭ مىڭبىننىڭ «21 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشى» سەرلەۋھىلىك ماقالىسى مۇكاپاتقا ئېرىشتى. سېرۋۇجاپنىڭ «شىراڭ بۇددا دىنى ۋە غالدان ئۇرۇشى» ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ژۇرنىلى — «ئىچكى موڭغۇل ئىجتىمائىي پەنلىرى» تەرىپىدىن بېرىلگەن دىن ئىلمى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ۋاڭ ۋېنجۇ

## ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئىلىم ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرى

1999 - يىل 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ پەن تەتقىقات خادىمى ۋاڭ لۈلى تەيۋەن دېڭۇ مەدەنىيەت - مائارىپ فوندى جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن تەيۋەنگە بېرىپ ئىلمىي زىيارەتتە بولدى ھەمدە شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان توقۇمىچىلىق ھۈنەر - سەنئىتى ئۈستىدە ئالماشتۇرۇش ئېلىپ باردى.

9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى پولشا پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە ۋە مىللەتشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىدىكى پروفېسسور S. سىنكېۋىچ ئەر - ئايال ئىككىيلەن ئاپتونوم رايونىمىزغا كېلىپ، 17 كۈنلۈك ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، جۇڭگونىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ۋە مىللەتلەر سىياسىتىنى ئىگىلىدى، جۇڭگودىكى كەسىپداشلىرى بىلەن ئالماشتۇرۇش ئېلىپ باردى.

9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ياپونىيە فېڭتيەن سودىنى گۈللەندۈرۈش جەمئىيىتى ئاسىيا ئىقتىساد تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىر تەتقىقاتچىسى ئونىشى ياسۇئو شىنجاڭغا كېلىپ ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، ئۇ ئاساسلىقى جۇڭگودىكى مال ئوبوروتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە رايون ئىقتىسادىنىڭ

شەكىللىنىشىنى، جۈملىدىن قاتناش - ترانسپورت دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىق ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىپ تەدبىرلەرنى، ترانسپورتنىڭ جايلىشىشى بىلەن كەسىپلەر جايلىشىشىنىڭ مۇناسىۋىتى، ترانسپورت قۇرۇلمىسىدىكى ئۆزگىرىش قاتارلىقلارنى ئىگىلىدى.

10 - ئاينىڭ 21 — 26 - كۈنىگىچە شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى 3 نەپەر پەن تەتقىقات خادىمى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دۇنيا دىن تەتقىقات ئورنى چاقىرغان ئەسىر ئالمىشىش پەيتىدىكى جۇڭگو ئىسلام دىنى مۇھاكىمە يىغىنىغا ۋە جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى بىلەن شىنجاڭ خەلقئارا ئىقتىساد - مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش مەركىزى بىرلىكتە چاقىرغان شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق مەسىلىسى بويىچە مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى ھەمدە شىنجاڭنىڭ دىن ۋە مۇقىملىق مەسىلىلىرى توغرىسىدا پىكىر بايان قىلدى.

10 - ئاينىڭ 25 — 29 - كۈنىگىچە تەتقىقاتچى ئابدۇشۈكۈر تۇردى تۈركىيە ئاتا تۈرك تەتقىقات مەركىزىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، قازاقىستانغا بېرىپ تۈركىيە ۋە قازاقىستان بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن 4 - نۆۋەتلىك ئاتا تۈرك خەلقئارا مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى.

11 - ئاينىڭ 1 — 18 - كۈنىگىچە شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ژۇرنال بۆلۈمىدىكى تەتقىقاتچى قەھرىمان قازاقىستان ئىلىم - پەن ۋە ئالىي مائارىپ مىنىستىرلىكى «چوقان ۋەلىخانوف» تارىخ ۋە مىللەتلەر تەتقىقاتى ئورنىنىڭ باشلىقى، ئاكادېمىك K.M كوزبايېفنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، قازاقىستانغا بېرىپ ئىلمىي زىيارەتتە بولدى.

11 - ئاينىڭ 4 — 10 - كۈنىگىچە پولشا پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئافرىقا - ياۋروپا دۆلەتلىرى تەتقىقات مەركىزىنىڭ پروفېسسورى مارىيە رومان سلوۋىنسكىي ۋە دوتسېنت يېر. ستانوۋسكىي شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە بىر ھەپتىلىك ئىلمىي زىيارەتتە بولدى.

12 - ئاينىڭ 17 — 27 - كۈنىگىچە تىل تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى تاھىرجان مۇھەممەت بىلەن كاندىدات تەتقىقاتچى ساۋىت روزىلار ياپونىيە توكيو ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە - سوتسىئولوگىيە كافېدراسى تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ تىل - ئەدەبىيات ئىلمى بويىچە دوتسېنت تولورۇز ھاياشى ئەپەندىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ياپونىيىگە بېرىپ توكيو ئۇنىۋېرسىتېتىدا «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتولوگىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى.

ۋاڭ شياۋمېي

## ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى پىنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىققانلار پارتىيە ياچېيكىسى مەملىكەت بويىچە ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى بولدى

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ پىنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىققانلار پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلغاندىن بۇيان تەشكىلىي قۇرۇلۇش ۋە سىياسىي - ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، پارتىيە ئەزالىرىنى پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئۆگىنىشكە، تۈرلۈك ئىجتىمائىي پائالىيەت - جامائەت پاراۋانلىقى پائالىيەتلىرىگە پائال قاتنىشىشقا، ئاخىرقى ئۆمرىدە تىرىشىپ ياخشى ئىش قىلىشقا ئەستايىدىل تەشكىللىدى. پىنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىققان پارتىيە ئەزالىرى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن بىرمۇ كىشى «فالۇن گۇڭ» مەشىق پائالىيىتىگە قاتناشمىدى. 1998 - يىلدىكى كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇش - ئىئانە قىلىش پائالىيىتىدە بۇ ياچېيكا 3990 يۈەن، شەخسلەر 1000 يۈەن پۇل ئىئانە قىلدى. پېشقەدەم پارتىيە ئەزاسى لياڭ جىڭيۈەن «ئۈمىد قۇرۇلۇشى»غا پۇل ئىئانە قىلىشنى كۆپ يىل داۋاملاشتۇرۇپ ئوقۇشتىن قالغان خېلى كۆپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە قايتىپ كېلىشىگە ياردەم بەردى. 1999 - يىل 10 - ئايدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى بۇ ياچېيكىغا پىنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىققان كادىرلارنىڭ ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى دەپ نام بەردى.

ۋاڭ شياۋمېي

ئاپتونوم رايوندىكى ھەر قايسى ئىجتىمائىي پەن ئىلمىي جەمئىيەتلىرى، تەتقىقات جەمئىيەتلىرى، جەمئىيەتلەرنىڭ 1999 - يىلدىكى ئاساسلىق ئىلمىي پائالىيەتلىرى

| ئىلمىي پائالىيەت نامى | ۋاقتى (ئاي) | ئورنى | تەشكىللىگەن ئورۇن | ئاساسىي مەزمۇنى |
|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 1 - نۆۋەتلىك 3 - قېتىملىق كېڭىشى | 1 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئىلمىي جەمئىيىتى | بىر يىللىق خىزمەتلەر ئەسلەپ ئۆتۈلدى، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ ئورنى ۋە رولى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇلدى، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ 1999 - يىللىق خىزمەتلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ شەھەر پۇل مۇئامىلىسى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 4 - قۇرۇلتىيى | 2 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ شەھەر پۇل مۇئامىلىسى ئىلمىي جەمئىيىتى | 3 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتتۇلدى، خىزمەت دوكلاتى ۋە «نىزامنامە»نىڭ تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن لايىھىسى قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ 1999 — 2002 - يىللىق خىزمەتلىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى ماقۇللاندى، 4 - نۆۋەتلىك كېڭەش سايلاپ چىقىلدى، جاڭ ئەيزىي جەمئىيەت باشلىقى بولدى. |
| شىنجاڭ سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 3 - قۇرۇلتىيى | 2 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىلمىي جەمئىيىتى | 2 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ خىزمەت دوكلاتى قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ «نىزامنامە»سىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى، «ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىلمىي جەمئىيىتى كېڭەشنىڭ يىغىن تۈزۈمى» ۋە «ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ ئەزالىق بەدىلىنى باشقۇرۇش چارىسى» ماقۇللاندى. 3 - نۆۋەتلىك كېڭەش سايلاپ چىقىلدى، لى جيەنجۇڭ جەمئىيەت باشلىقى بولدى. |
| ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى | 3 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى | بىرلەشمىنىڭ 1998 - يىللىق خىزمەت خۇلاسىسى ۋە 1999 - يىللىق خىزمەتلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى ئاڭلاپ ئۆتتۇلدى ۋە ماقۇللاندى. 100 دىن ئارتۇق كىشى يىغىنغا قاتناشتى. |
| شىنجاڭ سانائەت ئىقتىسادىي جەمئىيىتى دائىمىي كېڭىشى (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى | 3 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ سانائەت ئىقتىسادى جەمئىيىتى | جۇڭگو سانائەت ئىقتىسادى بىرلەشمىسى مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى؛ جەمئىيەتنىڭ 1998 - يىللىق خىزمەتلىرى يەكۈنلەندى، 1999 - يىللىق خىزمەت پىلانى ۋە كەسپىي جەمئىيەتلەرنى راۋاجلاندۇرۇش مەسىلىسى ماقۇللاندى. جۇڭگو سانائەت ئىقتىسادى بىرلەشمىسى مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيى روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ھەققىدىكى پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. |
| شىنجاڭ ئىچكى مۇپەتتىشلىك جەمئىيىتى قۇرۇلتىيى | 3 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ ئىچكى مۇپەتتىشلىك جەمئىيىتى | جەمئىيەتنىڭ 3 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ خىزمەت دوكلاتى قاراپ چىقىلدى، جەمئىيەتنىڭ «نىزامنامە»سىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى. 1998 - يىللىق ئىچكى مۇپەتتىشلىك خىزمىتىدىكى 13 ئىلغار كوللېكتىپ، 35 ئىلغار خىزمەتچى تەقدىرلەندى. ئىچكى مۇپەتتىشلىكنى قېلىپلاشتۇرۇش پىلانى تۈزۈپ چىقىلدى. مۇدېيجۇن يېڭى نۆۋەتلىك جەمئىيەتنىڭ باشلىقلىقىغا سايلاندى. |
| ئاپتونوم رايونلۇق 99، «مەملىكەت بويىچە كارخانىچىلار» پائالىيەت كۈنى | 4 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ كارخانىچىلار جەمئىيىتى | كارخانىلارنى قوشۇۋېتىش، بىرلەشتۈرۈش، مال - مۈلۈكنى يېڭىۋاشتىن تەشكىللەش، قۇرۇلمىنى تەڭشەش، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇش، تارقاقلاشتۇرۇش، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەسىلىلەر، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ يولى ۋە ئەندىزىسى ئالماشتۇرۇلدى، مۇھاكىمە قىلىندى. |
| شىنجاڭ تارىخ ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 3 - قۇرۇلتىيى | 4 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ تارىخ ئىلمىي جەمئىيىتى | 2 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ خىزمەت دوكلاتى ماقۇللاندى، جەمئىيەتنىڭ «نىزامنامىسى»گە تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى، يېڭى نۆۋەتلىك كېڭەش سايلاپ چىقىلدى، جاقىپ مىرزاقان جەمئىيەت باشلىقى بولۇپ سايلاندى. جۇڭگو تارىخ ئىلمىي جەمئىيىتى 6 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى. |
| شىنجاڭ ئەمگەك باشقۇرۇش جەمئىيىتىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى | 5 | ئۈرۈمچى | ئەمگەك نازارىتى، شىنجاڭ ئەمگەك باشقۇرۇش جەمئىيىتىگە تەييارلىق كۆرۈش گۇرۇپپىسى | شىنجاڭ ئەمگەك باشقۇرۇش جەمئىيىتىگە تەييارلىق كۆرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ۋە «نىزامنامە» ماقۇللاندى، تۇنجى نۆۋەتلىك كېڭەش ۋە رەھبەرلىك ئاپپاراتى سايلاپ چىقىلدى، جەمئىيەتنىڭ كوللېكتىپ ئەزالىق گۇۋاھنامىسى تارقىتىلدى، جاڭ تۇڭ جەمئىيەت باشلىقى بولۇپ سايلاندى. |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ ئەمگەك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 1999 - يىللىق يىللىق يىغىنى | 5 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ ئەمگەك ئىلمىي جەمئىيىتى | ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش، تەربىيىلەش ۋە كەسپىي ماھارىتىنى ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمگەك تۈزۈمى ۋە ئەمگەك باشقۇرۇش، مائاش تەقسىماتى، ئەمگەك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى ھەمدە ئەمگەك مۇناسىۋىتى قاتارلىق مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى. يىغىندا 150 پارچە ماقالە ۋە تەكشۈرۈش دوكلاتى تاپشۇرۇۋېلىندى، تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئارقىلىق 61 پارچىسى يىغىندا ئالماشتۇرۇلدى. |
| ئاپتونوم رايوندىكى ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى ش ئا ئە ت نىڭ زوراۋانلىق ھەرىكىتىنى قاتتىق ئەيىبلەش سۆھبەت يىغىنى | 5 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى | يىغىنغا قاتناشقان مۇتەخەسسىس، ئالىملار ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى ش ئا ئە ت نىڭ جۇڭگونىڭ يۇگوسلاۋىيە ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنى ۋەھشىيلەرچە بومباردىمان قىلغان زوراۋانلىق ھەرىكىتىنى غەزەپ بىلەن ئەيىبلىدى. |
| ئاپتونوم رايونلۇق كۇتۇپخانا مۇلازىمىتى-تەشۋىقات ھەپتىلىكى پائالىيىتى | 5 | ئۈرۈمچى | ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، مەدەنىيەت نازارىتى، ش ئۇ ئا ر كۇتۇپخانا ئىلمىي جەمئىيىتى | كۆپ خىل شەكىلدىكى «ئومۇمىي خەلق كىتاب ئوقۇش ئېيى» ، «كۇتۇپخانا مۇلازىمىتى - تەشۋىقات ھەپتىلىكى» قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق پۈتكۈل جەمئىيەتتە بىلىم ئۆگىنىش، پەن - تېخنىكا ئۆگىنىش قىزغىنى دولقۇنىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ، بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىنىڭ رىقابىتىنى كۈتۈۋېلىش. |
| شىنجاڭ ھاراق مەدەنىيىتى بازارلىرىنى تەتقىق قىلىش مەركىزىنىڭ تۇنجى قېتىملىق خىزمەت مۇھاكىمە يىغىنى | 5 | گۇچۇڭ ناھىيىسى | شىنجاڭ ماركېتىڭ ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ ھاراق سانائىتى جەمئىيىتى | ھاراق مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشنى چۆرىدەپ، ھاراق بازارلىرىنى ئېچىش، رايون ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى. |
| شىنجاڭ پىلانلىق تۇغۇت جەمئىيىتىنىڭ 3 - نۆۋەتلىك 2 - قېتىملىق ئومۇمىي يىغىنى | 6 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ پىلانلىق تۇغۇت جەمئىيىتى | جۇڭگو پىلانلىق تۇغۇت جەمئىيىتىنىڭ 4 - نۆۋەتلىك 4 - قېتىملىق ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ش ئۇ ئا ر پىلانلىق تۇغۇت جەمئىيىتى 3 - نۆۋەتلىك 2 - قېتىملىق ئومۇمىي يىغىنىنىڭ خىزمەت دوكلاتى مۇزاكىرە قىلىندى، كېڭەش ئەزاسى، دائىمىي كېڭەش ئەزاسى، مۇئاۋىن جەمئىيەت باشلىقلىرىنى تولۇقلاش توغرىسىدىكى قارار ماقۇللاندى، «پىلانلىق تۇغۇت جەمئىيىتىنىڭ ئەمەلىي قوللىنىدىغان دەرسلىكى» بويىچە مۇكاپاتلىق زېھىن سىناش مۇسابىقە پائالىيىتىدىكى مۇنەۋۋەر تەشكىلاتچى ئورۇن ۋە شەخسلەر تەقدىرلەندى. |
| شىنجاڭ بوغالتىرلار ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 7 - قۇرۇلتىيى | 6 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ بوغالتىرلار ئىلمىي جەمئىيىتى | 6 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ خىزمەت دوكلاتى ماقۇللاندى، «نىزامنامە»گە تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى، 7 - نۆۋەتلىك كېڭەش سايلاپ چىقىلدى. چېن زىيۇ جەمئىيەت باشلىقلىقىغا سايلاندى. |
| شىنجاڭ ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون سانائىتى باشقۇرۇش جەمئىيىتىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى | 6 | ئۈرۈمچى | ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون سانائىتى نازارىتى، شىنجاڭ ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش جەمئىيىتى | سابىق ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون سانائىتى نازارىتىگە قاراشلىق باشقۇرۇش خاراكتېرىدىكى 10 تەشكىلاتنىڭ خىزمىتى پارچىلاندى، قايتا تەشكىللەندى، تەرتىپكە سېلىندى، جەمئىيەتنىڭ «نىزامنامىسى» ماقۇللاندى. جەمئىيەتنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك كېڭىشى سايلاپ چىقىلدى، ۋاڭ يۈگجى جەمئىيەت باشلىقى بولدى. |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| «باج ھەققى ئىسلاھاتى» خەلقئارا مۇھاكىمە يىغىنى | 7 | ئۈرۈمچى | دۆلەت باش باج ئىدارىسى، ش ئۇ ئا ر دۆلەت بېجى ئىدارىسى، شىنجاڭ باج ئىلمىي جەمئىيىتى | باج ھەققى ئىسلاھاتىنىڭ نىشانى ۋە ۋەزىپىلىرى، جۇڭگو باج ھەققى ئىسلاھاتىنىڭ زۆرۈرلۈكى، باج ھەققى ئىسلاھاتىنىڭ ئاساسىي تەپەككۇر يولى ۋە سىياسەت، تەدبىرلىرى، جۇڭگو باج ھەققى مۇناسىۋىتىدىكى ئۆزگىرىشلەر ئۈستىدە تارىخىي قايتا ئويلىنىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى. دۆلەت باش باج ئىدارىسى، مالىيە مىنىستىرلىكى، گوۋۇيۈەن تەرەققىيات تەتقىقاتى مەركىزى، جەنۇبىي جۇڭگو مالىيە - ئىقتىساد ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتىدىكى مۇتەخەسسىس، ئالىملار مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى. |
| «فالۇن گۇڭپىسى» سەپسەتىسىنى پاش قىلىش، تەنقىد قىلىش سۆھبەت يىغىنى | 7 | ئۈرۈمچى | ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى، «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى | 50 تىن ئارتۇق مۇتەخەسسىس، ئالىم لى خۇڭجىنىڭ «فالۇن گۇڭپىسى»، «فالۇن ئەقىدىسى» دىن ئىبارەت ساختا ئىلىمنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى پاش قىلدى ۋە تەنقىد قىلدى، 12 مۇتەخەسسىس، ئالىم سۆھبەت يىغىنىدا پىكىر بايان قىلدى. |
| جۇڭگو ئالىي كەسپىي تېخنىكا مائارىپىنىڭ يىللىق ئىلمىي يىغىنى | 8 | ئۈرۈمچى | جۇڭگو ئالىي كەسپىي تېخنىكا تەتقىقاتى جەمئىيىتى، شىنجاڭ چوڭلار مائارىپى جەمئىيىتى | ئالىي كەسپىي تېخنىكا مائارىپىغا دائىر ئەڭ يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرى ھەمدە مائارىپ - ئوقۇتۇش ئىسلاھاتىدىكى تىپىك تەجرىبىلەر ئالماشتۇرۇلدى، 21 - ئەسىردىكى جۇڭگو ئالىي كەسپىي مائارىپ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنىڭ يېڭى تەپەككۇر يولى، يېڭى ئەندىزىسى ۋە يېڭى ھەرىكىتى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى. |
| ماركېتىڭ ئىسلاھاتى مۇھاكىمە يىغىنى | 8 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ ماركېتىڭ ئىلمىي جەمئىيىتى، بۈيۈك دەۋر چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | ئىستېمال بويۇملىرى بازىرى سانقۇچى تەرەپ بازىرىدىن سېتىۋالغۇچى تەرەپ بازىرىغا قاراپ يۈزلەنگەن شارائىتتا، ماركېتىڭ شەكلىنى ئىسلاھ قىلىش ۋەزىيىتىنىڭ تەقەززاسى ئىكەنلىكى مەسىلىسى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى. |
| جۇڭگو بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىقتىسادى ۋە بازار مۇھاكىمە يىغىنى | 8 | ئۈرۈمچى | جۇڭگو بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىقتىسادى تەتقىقات جەمئىيىتى، شىنجاڭ بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش جەمئىيىتى، بىڭتۇەن ئىقتىساد تەتقىقات ئورنى | دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش كارخانىلىرىنى بازارغا كىرگۈزۈش، بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىقتىسادىنى ئەسىر ھالقىتىپ راۋاجلاندۇرۇشنىڭ تەپەككۇر يولى ۋە تەدبىرلىرى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى. |
| شىنجاڭ ج ك پ تارىخى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 5 - قۇرۇلتىيى | 9 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ ج ك پ تارىخى تەتقىقات جەمئىيىتى | 4 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ خىزمەت دوكلاتى ماقۇللاندى، «نىزامنامە» گە تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى، 5 - نۆۋەتلىك كېڭەش، دائىمىي كېڭەش سايلاپ چىقىلدى. شۇ يۇچى جەمئىيەت باشلىقلىقىغا سايلاندى. |
| مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدىكى تەرجىمە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى | 10 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ تەرجىمانلار جەمئىيىتى | مىللەتلەر تىلىدىكى تەرجىمە خىزمىتىنىڭ مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي - ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قوغداشتىكى مۇھىم رولى ۋە تەرجىمە نەزەرىيىسى، ماھارىتى قاتارلىق مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى. |
| شىنجاڭ ئائىلە تەربىيەسى تەتقىقاتى جەمئىيىتىنىڭ 4 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى | 11 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ ئائىلە تەربىيەسى تەتقىقات جەمئىيىتى | 3 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ خىزمەت دوكلاتى ماقۇللاندى، «نىزامنامە» گە تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى، 4 - نۆۋەتلىك كېڭەش، دائىمىي كېڭەش سايلاپ چىقىلدى، ساتىپقان ساقىتاي جەمئىيەت باشلىقلىقىغا سايلاندى. |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ ئاياللار نەزەرىيەسى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ 3 - قۇرۇلتىيى | 11 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ ئاياللار نەزەرىيەسى تەتقىقات جەمئىيىتى | 2 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ خىزمەت دوكلاتى ماقۇللاندى، «نىزامنامە»گە تۈزىتىش كىرگۈزۈش ھەققىدىكى قارار ماقۇللاندى، 3 - نۆۋەتلىك كېڭەش، دائىمىي كېڭەش سايلاپ چىقىلدى، تۇ فېڭيىڭ جەمئىيەت باشلىقلىقىغا سايلاندى، «شىنجاڭ ئاياللىرى ژۇرنىلىنىڭ 50 يىلى» دا ئاتالغان مۇنەۋۋەر ماقالىلەرنىڭ ئاپتورلىرى تەقدىرلەندى. |
| شىنجاڭ ئايال زىيالىيلار بىرلەشمىسى دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ 3 - قۇرۇلتىيى | 11 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ ئايال زىيالىيلار بىرلەشمىسى دوستلۇق جەمئىيىتى | 2 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ خىزمەت دوكلاتى ماقۇللاندى. «نىزامنامە»گە تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارار ماقۇللاندى، 3 - نۆۋەتلىك كېڭەش، دائىمىي كېڭەش سايلاپ چىقىلدى، رىنژۇان ئەبەيدۇللا جەمئىيەت باشلىقلىقىغا سايلاندى. |
| يېزا ئىگىلىكىگە سىڭىنغان مەبلەغنى مۇپەتتىش قىلىش مۇھاكىمە يىغىنى | 11 | قەشقەر شەھىرى | شىنجاڭ ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئىلمىي جەمئىيىتى، قەشقەر ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئىلمىي جەمئىيىتى | يېزا ئىگىلىكىگە سىڭىنغان مەبلەغنى ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىشنى چۆرىدەپ مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى، 26 پارچە ماقالە تاپشۇرۇۋېلىندى. |
| ئاپتونوم رايونلۇق «ئاۋمېن نېگىزلىك قانۇنى» نى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش سۆھبەت يىغىنى | 12 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ قانۇنشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى | سۆھبەت يىغىنىدا «ئاۋمېن نېگىزلىك قانۇنى» نى تۈزۈشنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى، ئاساسىي پرىنسىپى، ئاساسىي مەزمۇنلىرى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى ھەمدە رېئال ئەھمىيىتى ئوخشاشمىغان نۇقتىدىن شەرھلەندى. |
| شىنجاڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 3 - قۇرۇلتىيى | 12 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتى | 2 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ خىزمەت دوكلاتى ماقۇللاندى، «نىزامنامە»گە تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارار ماقۇللاندى، 3 - نۆۋەتلىك كېڭەش، دائىمىي كېڭەش سايلاپ چىقىلدى، چېن يەنچى جەمئىيەت باشلىقلىقىغا سايلاندى. |
| ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن نەزەرىيە ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۈتۈۋېلىش بىرلەشمە دوستلۇق يىغىنى | 12 | ئۈرۈمچى | ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى، بىڭتۈەن تەشۋىقات بۆلۈمى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى | ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكى قىزغىن تەبرىكلەندى. |
| شىنجاڭ مائارىپ ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنى | 12 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ مائارىپ ئىلمىي جەمئىيىتى | ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، مائارىپ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ساپا مائارىپىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش جەريانىدا ئەلا نەتىجە ياراتقان 12 ئىلغار كوللېكتىپ، 57 ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى. |
| شىنجاڭ تاتار مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ 3 - قۇرۇلتىيى | 12 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ تاتار مەدەنىيىتى تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتى | 2 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ خىزمەت دوكلاتى ماقۇللاندى، «نىزامنامە»گە تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھەسى ماقۇللاندى، 3 - نۆۋەتلىك كېڭەش سايلاپ چىقىلدى. ئىلچى سايرانى جەمئىيەت باشلىقلىقىغا سايلاندى. |
| شىنجاڭ بىناكارلىق كەسپىي جەمئىيىتىنىڭ 2 - قۇرۇلتىيى | 12 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ بىناكارلىق كەسپىي جەمئىيىتى | 1 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ خىزمەت دوكلاتى ماقۇللاندى، «نىزامنامە»گە تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى، 2 - نۆۋەتلىك كېڭەش سايلاپ چىقىلدى، جەمئىيەت كاتىبات باشقارمىسىنىڭ خادىملىرى تەكلىپ قىلىندى، ھەسەن نىزامىدىن جەمئىيەت باشلىقلىقىغا سايلاندى. |

لى جيەن

# مائارىپ

## مائارىپ خىزمىتى

### ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ خىزمىتى يىغىنى

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ خىزمىتى يىغىنى 1999 - يىل 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىننىڭ ئاساسىي تېمىسى مەملىكەتلىك مائارىپ خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مائارىپ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىشنى مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىش، ساپا مائارىپىنىڭ نىشانى، ۋەزىپىسى ۋە ئاساسىي تەدبىرلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇپ، ۋەزىپەتنى يەنىمۇ ئېنىق تونۇپ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، مائارىپ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش، ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى، شۇنداقلا ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن مۇستەھكەم ئاساس سېلىشتىن ئىبارەت بولدى.

يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت رىياسەتچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ۋە بىڭتۇەننىڭ رەھبەرلىرى يىغىنغا قاتناشتى.

ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن يىغىندا «ساپا مائارىپىنى كۈچەيتىپ، ئىسلاھات سالمىقىنى زورايتىپ، سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ ياراملىق قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىز باسارلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرەيلى» دېگەن تېمىدا سۆز قىلدى. ۋاڭ لېچۈەن مۇنۇلارنى كۆرسەتتى، بىز چوقۇم دۆلەت ئوتتۇرىغا قويغان ئوتتۇرا ۋە غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتىن ئىبارەت تارىخىي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، غەربىي رايوننى ئېچىش ۋە بايلىق ئەۋزەللىكىنى ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنى تىرىشىپ يولغا قويۇشىمىز كېرەك. ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، پەن - تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنى ھەر قانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ بەكرەك قەدىرلىشىمىز لازىم. بىز يېڭى خىزىس ئالدىدا ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئېڭىمىزنى كۈچەيتىشىمىز، مائارىپ خىزمىتىنى ئىقتىسادىي خىزمەتنى چىڭ تۇتقاندەك چىڭ تۇتىشىمىز كېرەك. شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى جەھەتتە ئالدىنقىلاردىن ئېشىپ كېتىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئادەمنىڭ ساپاسى جەھەتتە ئالدىنقىلاردىن ئېشىپ كېتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز لازىم. ساپا مائارىپىنى يولغا قويۇشتا تۆۋەندىكى 3 مەسىلىنى ياخشى ھەل قىلىش كېرەك: 1) مەكتەپلەرنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى ۋە ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش لازىم؛ 2) مائارىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، مائارىپنى ئاپتونوم رايوننىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا تېخىمۇ ماسلاشتۇرۇشىمىز كېرەك؛ 3) ساپا مائارىپىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي ۋە گۈزەللىك جەھەتلەردىن ئەتراپلىق تەرەققىي قىلغان سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىز باسارلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش لازىم.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ خۇەيىۋ خىزمەت دوكلاتى بېرىپ ساپا مائارىپىنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇش، مائارىپ سۈپىتىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش، مائارىپ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى ۋە مەكتەپلەرنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، مەكتەپ باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش، شۇنىڭدەك پۈتۈن جەمئىيەت مائارىپقا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە مەدەت بېرىش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە كونكرېت پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى، ئاپتونوم رايوننىڭ بۆلۈم، كومىتېت، ئىشخانا، نازارەت، ئىدارىلىرى، ئالىي مەكتەپلەر، مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، ئىسلاھات نۇقتىدا سىناق قىلىنىدىغان بىر قىسىم مەكتەپلەر

ۋە خۇسۇسىي مەكتەپلەرنىڭ ۋەكىللىرىدىن بولۇپ 400 دىن ئارتۇق كىشى يىغىنغا قاتناشتى.

ۋاڭ جيەندى

## ئاپتونوم رايونلۇق «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتى يىغىنى

ئاپتونوم رايونلۇق «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتى يىغىنى 1999 - يىل 2 — 26 -، 27 - كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى، يىغىنغا ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، شۇنداقلا بىر قىسىم ناھىيىلىك، شەھەرلىك، رايونلۇق مائارىپ تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرىدىن بولۇپ 150 نەچچە كىشى قاتناشتى. يىغىندا 1998 - يىللىق «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتى ئەسلەپ ئۆتۈلدى، ئىلغارلار تەقدىرلەندى، 1999 - يىللىق ۋەزىپىلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 1999 - يىللىق «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتىنىڭ ۋەزىپىسى مۇنۇلاردىن ئىبارەت بولدى: ئاپتونوم رايوننىڭ «ئىككى ئاساسەن» پىلانىغا ئاساسەن، 13 ناھىيە (شەھەر) نىڭ «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش، «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتىنى 54.6% كە يەتكۈزۈش، ساۋاتسىز قالغان 50 مىڭ نوپۇسنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىش ھەمدە دۆلەتنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىنى كۈتۈۋېلىشقا دائىر تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، 2000 - يىلى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنىدىغان 16 ناھىيە (شەھەر) نىڭ خىزمەتلىرىنى ئالدىن ئىشلەش چارىسىنى قوللىنىپ، ھەيدەكچىلىك قىلىش ۋە يېتەكچىلىك قىلىش. يىغىندا مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: 1999 - يىلى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنىدىغان ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ كۆپىنچىسى دۆلەت دەرىجىلىك ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نامرات ناھىيىلەر بولغاچقا، نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ، «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتى ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش باسقۇچىغا قەدەم قويىدۇ. خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى تولۇق ئورۇنداشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، دېڭ شياۋپىڭنىڭ مائارىپ نەزەرىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش؛ «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتىنى مۇھىم خىزمەتلەر ئىچىدىكى مۇھىم خىزمەت قىلىپ تۇتۇشتا، ساپا مائارىپىنى يولغا قويۇشتا تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش؛ مەكتەپ مۇدىرلىرى، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى ۋە مائارىپ مۇپەتتىشلىك قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش؛ مەجبۇرىيەت مائارىپى قۇرۇلۇشى، دۇنيا بانكىسىنىڭ قەرز پۇلى، شاۋ ئەپەندىنىڭ ئىئانە قىلغان پۇلى بىلەن قۇرۇلىدىغان تۈرلەر ۋە ب د ت بالىلار فوندى جەمئىيىتى تۈرلىرىنىڭ ئۈنۈمىنى جارى قىلدۇرۇپ، تىرىشىپ مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتىنى ياخشىلاش كېرەك.

ۋاڭ جيەندى

## ئاپتونوم رايوننىڭ ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتى دۆلەتنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى

دۆلەت شىنجاڭغا ئەۋەتكەن ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۆمىكى 1999 - يىل 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايوننىڭ ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ باھالىدى.

تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكىلەر ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى تونۇشتۇرۇشنى ئاڭلىدى، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىگە دائىر مەخسۇس سىنئالغۇ فىلىمىنى، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىگە دائىر ئارخىپ ماتېرىياللىرىنى كۆردى، ئۇلار خېجىڭ، مورى، بۈرۈلتوقاي ناھىيىلىرىگە بېرىپ ئايرىلاپ تەكشۈرۈپ باھالاش ئېلىپ باردى، يېزا - كەنتلەردىكى 33 يېزا ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە دېھقان (چارۋىچى) لار مەدەنىيەت - تېخنىكا مەكتەپلىرى (ئوقۇتۇش نۇقتىلىرى) غا بېرىپ ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ھەمدە ساۋاتى چىققان بەزى كۇرسانتلارنىڭ ئائىلىلىرىنى زىيارەت قىلدى، خەت ئوقۇتۇش ۋە يازدۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ساۋاتى چىققان بەزى كۇرسانتلارنى ئايرىلاپ تەكشۈردى. دوكلات ئاڭلاش، تەكشۈرۈش، سۆزلىشىش، زىيارەت قىلىش، ئىمتىھان ئېلىش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، يۇقىرىقى 3 ناھىيىنىڭ ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ئەھۋالىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىگىلىدى. تەكشۈرۈش ئۆمىكى يەنە خوشۇت، بۆگۈر، باغراش، يەنجى، كورلا، لوپنۇر، گۇچۇڭ، جىمسار، كۆكتوقاي، بۇرچىن، ئالتاي ۋە چاپچالدىن ئىبارەت 12 ناھىيە (شەھەر)، شۇنىڭدەك ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايوننىڭ «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتى ئەھۋالىنى تەكشۈردى. تەكشۈرۈش ئۆمىكى كۆپ يىللاردىن بېرى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ۋە ھەر مىللەت خەلقى زور مىقداردا ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ ۋە مالىيە كۈچى سەرپ قىلىپ، مائارىپ ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشتا بوشاشماي چىڭ تۇرۇپ، غايەت زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپتۇ، دەپ ھېسابلىدى.

تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ باشلىقى گو جېنيۇ 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن تەكشۈرۈپ باھالاش ئەھۋالىنى

ئۇقتۇرۇپ قويۇش يىغىنىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەملىكەت بويىچە 23 ـ بولۇپ دۆلەتنىڭ ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۆلچىمىگە يەتكەن ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) بولغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

يىغىندا ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ش ئۇ ئا ر ئالىي مەكتەپلەر خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، مائارىپ كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى جاڭ گۇيتىڭ رىياسەتچىلىك قىلدى.

ۋاڭ جيەندى

## ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتى

1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە 6000 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن %66.9 ئاشتى، ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئىمتىھان بېرىشكە تىزىملاتقانلار 66 مىڭ 756 گە يېتىپ، %6.3؛ پىلان بويىچە قوبۇل قىلىنغان يېڭى ئوقۇغۇچى 28 مىڭ 488 (ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنغان 10 مىڭ 871 ئوقۇغۇچىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) گە يېتىپ، %27.1 ئاشتى؛ چوڭلار ئالىي مائارىپى بويىچە ئىمتىھان بېرىشكە تىزىملاتقانلار 53 مىڭ 217 بولۇپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن سەل كېمەيدى؛ پىلان بويىچە قوبۇل قىلىنغان يېڭى ئوقۇغۇچى 43 مىڭ 271 گە يېتىپ (ئىچكىرىدىكى چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرىگە قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، %48.1؛ ئاسپىرانتلىققا ئىمتىھان بېرىشكە تىزىملاتقانلار 3179غا يېتىپ، %19.1 ئاشتى؛ پىلان بويىچە قوبۇل قىلىنغان يېڭى ئوقۇغۇچى 372 گە يېتىپ، %39 ئاشتى.

1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايون ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوملارغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى ئىسلاھ قىلىپ، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ۋە تارماقلار باشقۇرىدىغان ئوتتۇرا تېخنىكوملارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، كاسات كەسىپلەرنى قىسقارتىپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىكى، مېدىتسىنا، ئوقۇتقۇچىلىققا ئوخشاش جەمئىيەت جىددىي ئېھتىياجلىق كەسىپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش سانىنى كۆپەيتتى. 5 مەكتەپنىڭ 28 كەسپى بويىچە كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى سىناق قىلدى، بىر قىسىم چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرىدە «2+3» نى ئوقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى ئىشلەندى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتتۇرا تېخنىكوملارغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش پۈتۈنلەي بىر ئىزغا سېلىندى.

ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشخانىسى

## ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى

1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىدە، بىر تۇتاش پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇرۇش، مۇۋاپىق ئىشلىتىش، مۇھىم نۇقتىنى كۆچەيتىش، ئادەتتىكىلەرگە تەڭ ئېتىبار بېرىش، ئاساسىي قاتلامغا يۈزلىنىش، ئىشلەپچىقىرىش، ئىلمىي تەتقىقات ۋە ئوقۇتۇشنىڭ 1 ـ سەپىنى تولۇقلاش فاڭجېنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا جانلىق، كۆپ خىل يېتەكچىلىك قىلىشى ۋە مەخسۇس تېمىدا لېكسىيە بېرىشكە يېتەكچىلىك قىلىندى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ئۆز يېرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن ئۆز ئالدىغا تەقسىم قىلىش پرىنسىپى قوللىنىلدى. بىر يىلدا 201 ئاسپىرانت تەقسىم قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، پېداگوگىكا مەكتەپلىرى بويىچە 3639 ئوقۇغۇچى تولۇق كۇرس ۋە مەخسۇس كۇرسنى، 6596 ئوقۇغۇچى ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتىپىنى پۈتتۈردى.

تەشكىلات ـ كادىرلار باشقارمىسى

## دەرسلىك قۇرۇلۇشى

1999 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكلىرىنى تەكشۈرۈش ھەيئىتى ئىشخانىسى بىلەن ش ئۇ ئا ر مائارىپ كومىتېتىنىڭ دەرسلىك باشقارمىسى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ دەرسلىكىدىن 49 خىلنى تەكشۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرچە دەرسلىك 4 خىل، قازاقچە دەرسلىك 13 خىل، قىرغىزچە دەرسلىك 12 خىل، رۇسچە دەرسلىك 2 خىل، خەنزۇچە دەرسلىك 13 خىل، خەنزۇ تىلى دەرسلىكى 5 خىل؛ تەكشۈرۈلگەن ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش پروگراممىسى 2 خىل؛ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ دەرسخانىدا نىشانلىق ئوقۇتۇشنى تەجرىبە قىلىش ماتېرىيالى ۋە ئوقۇتۇش قوللانمىسى 84 خىل. ئالىي مەكتەپلەردە (چوڭلارنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھان بېرىشىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) قوللىنىدىغان ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ـ يېزىقىدىكى ئوقۇتۇش ماتېرىيالى ۋە جايلارنىڭ ئوقۇتۇش ماتېرىيالىدىن 25 خىلى تۈزۈلدى، تەرجىمە قىلىندى، تەكشۈرۈلدى ۋە نەشر قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر يېزىقىدىكىسى 13 خىل، قازاق يېزىقىدىكىسى 5 خىل، خەنزۇ يېزىقىدىكىسى 4 خىل، خەنزۇ تىلىغا دائىر ماتېرىيال 3 خىل؛ پېداگوگىكا تورىدىكى ئۇيغۇرچە دەرسلىك

9 خىل؛ باشقا تۈرلەردىكى دەرسلىك 16 خىل.

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1999 - يىلى نەشر قىلغان ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ دەرسلىكلىرى خەنزۇ يېزىقىدىكىسى 402 خىل (بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن نەشر قىلىنغىنى 30 خىل)، ئۇيغۇر يېزىقىدىكىسى 350 خىل (بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن نەشر قىلىنغىنى 50 خىل)، قازاق يېزىقىدىكىسى 341 خىل (بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن نەشر قىلىنغىنى 34 خىل)، قىرغىز يېزىقىدىكىسى 217 خىل (بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن نەشر قىلىنغىنى 8 خىل)، موڭغۇل يېزىقىدىكىسى 151 خىل (بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن نەشر قىلىنغىنى 36 خىل). بىر يىلدا 54 مىليون 11 مىڭ 400 پارچە كىتاب نەشر قىلىنىپ، مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش ئېھتىياجى ئاساسەن قاندۇرۇلدى.

مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ 1999 - يىللىق ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدىكى مۇنەۋۋەر دەرسلىكلىرىنى باھالاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايون ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى دەرسلىكىدىن 62 خىلنى كۆرسەتتى. 99' پارىژ جۇڭگو مەدەنىيىتى ھەپتىلىكى پائالىيىتىگە قاتناشتۇرۇش ئۈچۈن خەنزۇ تىلى دەرسلىكى ۋە كىتاب بولۇپ 13 خىل دەرسلىك كۆرسىتىلدى.

مائارىپ يىلنامىسى

## مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون مائارىپ تارماقلىرى باشقۇرىدىغان ھەر دەرىجىلىك، ھەرخىل مەكتەپلەرنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 690 مىليون 427 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىشنى پىلانلىغاندى، يىل ئاخىرىغىچە سېلىنغان مەبلەغ 633 مىليون 989 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 27.14%؛ بىر يىلدا قىلىش پىلانلانغان قۇرۇلۇش كۆلىمى 1 مىليون 186 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، 37.09%؛ يىل ئاخىرىغىچە ئەمەلىي پۈتكەن قۇرۇلۇش كۆلىمى 948 مىڭ 955 كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، 77.43% ئاشتى (1998 - يىلى قۇرۇلۇش باشلىنىپ 1999 - يىلى پۈتتۈرۈلگەن كۆلەممۇ شۇنىڭ ئىچىدە). بىر يىلدا يېڭىدىن كۆپەيگەن تۇراقلىق مۈلۈك 595 مىليون 345 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 74.9% ئاشتى (1998 - يىلى پۈتمەي تۇراقلىق مۈلۈك ھېسابىغا ئايلاندۇرۇلغان تۈرلەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە).

ئالىي مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇش تۈرلىرى 1999 - يىلى 131 مىليون 387 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلانغاندى، ئەمەلىيەتتە 89 مىليون 939 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بىر يىلدا قۇرۇلۇش باشلانغان كۆلەم 152 مىڭ 221 كۋادرات مېتىر ئىدى، ئۇنىڭ 79 مىڭ 216 كۋادرات مېتىرى پۈتكۈزۈلدى. بىر يىلدا يېڭىدىن كۆپەيگەن تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ قىممىتى 70 مىليون 807 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 9.8% ئاشتى.

ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتەپلىرىنىڭ قۇرۇلۇش تۈرلىرى بىر يىلدا 24 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلانغاندى، ئەمەلىيەتتە 19 مىليون 970 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. پىلاندىكى قۇرۇلۇش قىلىنىدىغان كۆلەم 50 مىڭ 215 كۋادرات مېتىر ئىدى، ئۇنىڭ 27 مىڭ 712 كۋادرات مېتىرى پۈتكۈزۈلدى، بىر يىلدا يېڭىدىن كۆپەيگەن تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ قىممىتى 11 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 76.06% ئاشتى.

كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇش تۈرلىرى بىر يىلدا 9 مىليون 270 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلانغاندى، ئەمەلىيەتتە 9 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. پىلاندىكى قۇرۇلۇش قىلىنىدىغان كۆلەم 11 مىڭ 59 كۋادرات مېتىر ئىدى، ئۇنىڭ 8365 كۋادرات مېتىرى پۈتكۈزۈلدى. بىر يىلدا يېڭىدىن كۆپەيگەن تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ قىممىتى 7 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە باشقا قۇرۇلۇش تۈرلىرى بىر يىلدا 525 مىليون 270 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلانغاندى، ئەمەلىيەتتە 514 مىليون 880 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. پىلاندىكى قۇرۇلۇش قىلىنىدىغان كۆلەم 972 مىڭ 887 كۋادرات مېتىر ئىدى، ئۇنىڭ 833 مىڭ 662 كۋادرات مېتىرى پۈتكۈزۈلدى. بىر يىلدا يېڭىدىن كۆپەيگەن تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ قىممىتى 506 مىليون 238 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 90.5% ئاشتى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى ئىچىدە، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ 42.79%، پۈتكۈزۈلگەن قۇرۇلۇش كۆلىمى ئىچىدە، ئوقۇتقۇچى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇش كۆلىمى 33.1%نى ئىگىلىدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر، ئالىي مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئائىلىسىدە كىشى بېشىغا 9.08 كۋادرات مېتىردىن، ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتەپلىرىدىكى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئائىلىسىدە كىشى بېشىغا 9.49 كۋادرات مېتىردىن، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئائىلىسىدە كىشى بېشىغا 8.54 كۋادرات مېتىردىن تۇرالغۇ ئۆي توغرا كەلدى.

ما خېپىڭ

## ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئادەتتىكى مەكتەپلەرنىڭ 1999 ـ يىلدىكى ئاساسىي ئەھۋالى

بىرلىكى: نەپەر

| مەكتەپ تۈرى | مەكتەپ سانى | ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى سانى | قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى سانى | مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى | مەخسۇس ئوقۇتقۇچى سانى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1. ئاسپىرانت | 10 | 229 | 386 | 901 | 738 |
| ئالىي مەكتەپ | 7 | 214 | 363 | 841 | 677 |
| پەن تەتقىقات ئاپپاراتى | 3 | 15 | 23 | 60 | 61 |
| 2. ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەر | 17 | 11657 | 19435 | 54058 | 7516 |
| تولۇق كۇرس مەكتەپلىرى | 12 | 9591 | 16036 | 45961 | 6470 |
| مەخسۇس كۇرس مەكتەپلىرى | 4 | 1355 | 2203 | 5372 | 638 |
| شۆبە مەكتەپ، ئالىي تېخنىكوم سىنىپلىرى | | 94 | | 151 | |
| قىسقا مۇددەتلىك كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېت | 1 | 617 | 1196 | 2174 | 408 |
| 3. ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرى | 1954 | 326430 | 453758 | 1205696 | 83022 |
| 1) ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرى | 113 | 25118 | 36014 | 93445 | 7229 |
| ئوتتۇرا تېخنىك مەكتەپلىرى | 92 | 18130 | 26363 | 70973 | 5418 |
| ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتەپلىرى | 21 | 6988 | 9651 | 22472 | 1811 |
| 2) ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەر | 1725 | 282486 | 399516 | 1062380 | 72195 |
| تولۇق ئوتتۇرا | 488 | 52403 | 69801 | 189037 | 15673 |
| تولۇقسىز ئوتتۇرا | 1237 | 230083 | 329715 | 873343 | 56522 |
| 3) كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپلەر | 116 | 18826 | 18228 | 49871 | 3598 |
| تولۇق ئوتتۇرا | 109 | 13331 | 10653 | 30035 | 3158 |
| تولۇقسىز ئوتتۇرا | 7 | 5495 | 7575 | 19836 | 440 |
| 4. باشلانغۇچ مەكتەپلەر | 6796 | 357801 | 391298 | 2507406 | 126401 |
| 5. ئالاھىدە مائارىپ مەكتەپلىرى | 7 | 84 | 175 | 681 | 171 |
| 6. بالىلار باغچىسى | 811 | 103368 | 125057 | 212082 | 9172 |
| جەمئىي | 9595 | 799569 | 990109 | 3980824 | 227020 |

جاڭ شۇجياڭ، نىڭ شياۋجۇ

### ئېلېكترلەشكەن مائارىپ

1999 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر ئېلېكترلەشكەن مائارىپ بۇرتى 2800 سائەتتىن ئارتۇق ئۈنۈملۈك تارقىتىشنى ئەمەلگە ئاشۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇتۇش پروگراممىلىرى %60نى ئىگىلەيدۇ. مۇتەخەسسىسلەرنى تەشكىللەش ئارقىلىق ئاپتونوم رايوندىكى 100 ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپنى زامانىۋى



ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرىشىت (سولدىن 2 - كىشى)، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ش ئۇ ئا ر ئالىي مەكتەپلەر خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، مائارىپ كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى جاڭ گۈيتاڭ (سولدىن 1 - كىشى) مەملىكەتلىك شىنجاڭغا كېلىپ ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ ئۇتۇقلۇق تەكشۈرۈپ ئۈتكۈزۈۋېلىش ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشتى.

لىي شېڭرۇڭ فوتوسى

ئوقۇتۇش تېخنىكىسى بويىچە تەجرىبە مەكتىپى قىلىپ بېكىتىش خىزمىتى ئىشلەپ، 72 ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپنى ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى تۈركۈمدىكى زامانىۋى ئوقۇتۇش تېخنىكىسى بويىچە تەجرىبە مەكتىپى قىلىپ بېكىتتى. ھەمدە 10 مەكتەپنى مەملىكەت بويىچە 2. تۈركۈمدىكى زامانىۋى مائارىپ تېخنىكىسى بويىچە تەجرىبە مەكتىپى قىلىپ تاللىدى. ئاپتونوم رايوندىن مەملىكەتلىك ئېلېكترلەشكەن مائارىپ بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى مۇكاپاتلىدى. كۆپ ۋاسىتىلىك كومپيۇتېر تېخنىكىسى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇچە كۇرس 7 قارار، ئۇيغۇرچە كۇرس بىر قارار، تورلاشتۇرۇلغان كومپيۇتېر تېخنىكىسى كۇرسىدىن بىر قارار ئېچىپ، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئېلېكترلەشكەن مائارىپ بويىچە تايانچ ئوقۇتقۇچىسىدىن 318 ئادەم (قېتىم) نى تەربىيىلىدى. شىنجاڭ ئېلېكترلەشكەن مائارىپ يۇرتى (ئىستانسىسى) نىڭ زامانىۋى تېخنىكا ئارقىلىق يىراقتىن ئوقۇتۇش تورى ئۇچۇر مەركىزى ئۇچۇر مەنبەسى قۇرۇلۇشىنى خىزمەتلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ، ئۇلارنى ئىشلەش ۋە بەزى مەكتەپلەر ئىشلىگەن دەرسلىك يۇمشاق دېتاللىرىنى ئوقۇتۇشتىكى ئۇچۇر مەنبەسى قىلىشتىن تاشقىرى، باشقا ئۇچۇر مەنبەلىرىگە ئېرىشىشتە ئاساسەن ئۈسكۈنە بايلىقىدىن پايدىلىنىپ ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئۇچۇر مەنبەلىرىنى جەمئىيەتتىكى كۈچلەرگە تايىنىپ ئىشلىدى، مەركەز سورۇن بىلەن تەمىنلىدى. ھازىر بار بولغان ئۇچۇرلار 980 نەچچە مېگاغا، ئۆزلىرى باشقۇرغان سەھىپە 12گە، ھەمكارلىشىپ باشقۇرۇلغان سەھىپە 8گە يەتتى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىغا سوۋغا قىلىش سۈپىتىدە «يۈكسىلىۋاتقان شىنجاڭ مائارىپى»، «ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىپ يېڭىلىقتا يۈزلىنىش»، «ئاپتونوم رايوندىكى مەكتەپلەرنىڭ ئاپەتكە ئۇچراش ئەھۋالى توغرىسىدا دوكلات» قاتارلىق مەخسۇس فىلىملەرنى ئىشلىدى.

1999 - يىلى مەملىكەتلىك مائارىپ تېلېۋىزىيىسى جەمئىيىتىنىڭ ئىلمىي ماقالە ۋە پروگراممىلارنى باھالىشىدا ئاپتونوم رايوندىن مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئىلمىي ماقالە ۋە پروگراممىلار تۆۋەندىكىچە: «تېلېۋىزىيە ئىلان كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇپ، مائارىپ تېلېۋىزىيىسىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرەيلى» ناملىق ئىلمىي ماقالە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ «كەسپىي ئىقتىدارنى ئۆستۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، مائارىپ خەۋەرلىرىنى ياخشى ئىشلەيلى»، «مائارىپ خەۋەرلىرىنىڭ ئىقتىدارىنى كېڭەيتىش توغرىسىدا دەسلەپكى پىكىر» 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. «بالىسىنى ئوقۇغىلى قويمىغان ئاتا - ئانا جاۋابكارغا ئايلاندى»، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى خور ئۆمىكى زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كەلدى» دېگەن پروگراممىلار 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ «ئۆيگە قايتىش يولى قانچە ئۇزۇن»، «قوڭغۇراق دۇنياسى»، «ئىمتىھان بەرگۈچى ئوقۇغۇچىلار ھەققىدە ھېكايە»، «قاراسۇ گۈلى»، «قەلبىمدىكى دۇنيا» قاتارلىق پروگراممىلار 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ئېلېكترلەشكەن مائارىپ يۇرتى

## ئوقۇتۇش سايمانلىرى خىزمىتى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئوقۇتۇش سايمانلىرى ۋە كۇتۇپخانا باشقۇرۇش كادىرلىرىنى باشقۇرۇش كۇرسى ئېچىلدى، كۇرسقا 100 دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى. بىر يىلدا ش ئۇ ئا ر ئوقۇتۇش سايمانلىرى بىلەن تەمىنلەش باش پونكىتى

تەجرىبە ئوقۇتۇشنى ئومۇملاشتۇرغان ناھىيىلەرنىڭ سايمانلارنى سەپلەش خىزمىتىنى داۋاملىق ئىشلىدى، كۇچا ناھىيىسى، قۇمۇل شەھىرىنىڭ تەجرىبە ئوقۇتۇش سايمانلىرى سەپلەش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى، قاراماي، شىخو شەھەرلىرى، قۇتۇبى ناھىيىسىنىڭ تەجرىبە ئوقۇتۇشنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالىنى قايتا تەكشۈردى. يىل ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە تەجرىبە ئوقۇتۇشنى ئومۇملاشتۇرغان ناھىيە (شەھەر) 58گە يېتىپ، ئاپتونوم رايوندىكى ناھىيە (شەھەر) نىڭ %62نى تەشكىل قىلدى.

ئوقۇتۇش سايمانلىرى بىلەن تەمىنلەش باش پونكىتى

## تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئوقۇش

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر مائارىپ كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئوقۇش بويىچە مەكتەپلەر باشقۇرۇشىدىكى كەسىپلەرگە دائىر كەسپىي يىغىن، مەكتەپلەر باشقۇرۇشىدىكى كەسىپلەرنى ستاتىستىكا قىلىش يىغىنى، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ كەسىپ ئىشخانىلىرى مۇدىرلىرى مۇھاكىمە يىغىنى ۋە مائارىپ بازىرىنى ئېچىش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. يىغىندا جايلارنىڭ تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئوقۇش داۋامىدا يولغا قويغان كەسىپلىرىگە دائىر تەجرىبە ۋە نەتىجىلەر يەكۈنلەندى، يېتەرسىزلىكلەر ۋە مەسىلىلەر تېپىپ چىقىلدى، 1999 - يىللىق تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئوقۇش بويىچە يولغا قويۇلىدىغان كەسىپلەرنىڭ نىشانى ۋە ۋەزىپىلىرى بېكىتىلدى. «21 - ئەسىرگە يۈزلەنگەن مائارىپنى گۈللەندۈرۈش پىلانى» نى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى ۋە مەكتەپلەر باشقۇرغان كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش توغرىسىدىكى بىر قانچە پىكىر»، «ئاپتونوم رايوننىڭ 1999 - يىللىق تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئوقۇشقا ئۆسۈمى قوشۇپ بېرىلىدىغان قەرز پۇل ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»، «ئاپتونوم رايوننىڭ ئوقۇغۇچىلارنى سوغۇرتىغا قاتناشتۇرۇش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» قاتارلىق ھۆججەتلەر تارقىتىلدى. ش ئۇ ئا ر مائارىپ كومىتېتى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ كەسىپ مەسئۇللىرى ۋە بىر قىسىم ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى مەكتەپلەرنىڭ تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئوقۇش ئىشخانىلىرىنىڭ مۇدىرلىرىنى ئىچكىرىدىكى جايلارغا ئېكسكۇرسىيە ۋە ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خادىم تەشكىللەپ تۇرپان، قۇمۇل، تارباغاتاي، ئالتاي، بايىنغولىن، ئاقسۇ، سانجى، بورتالا، قەشقەر، قىزىلسۇ، خوتەن، ئۈرۈمچى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە ۋە يېزىلاردىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ سوغۇرتىغا قاتنىشىشى، ئەمگەك مۇلازىمىتى پائالىيىتى، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئوقۇش بويىچە مەكتەپ باشقۇرۇشىدىكى كەسىپلەرنى يولغا قويۇش، ئوقۇغۇچىلارغا فورما كىيگۈزۈش، مائارىپ بازىرى قاتارلىق مەسىلىلەرنى مەخسۇس تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ تەدبىر بەلگىلىشى ئۈچۈن ئاساس يەتكۈزۈپ بەردى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئوقۇشقا ئورۇنلاشتۇرغان ئۆسۈمى قوشۇپ بېرىلىدىغان قەرز پۇلنىڭ كونترول قىلىنىش كۆرسەتكۈچى 40 مىليون يۈەن، بۇ خىل قەرز پۇل ئورۇنلاشتۇرۇلغان تۈر 109 بولدى. ئاپتونوم رايون بويىچە %99 تولۇق ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ھەرخىل شەكىلدىكى تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئوقۇش بويىچە مەكتەپ باشقۇرۇشىدىكى كەسىپلەرنى يولغا قويۇش پائالىيەتلىرى قانات يايدۇرۇلدى، ساپ كىرىم 256 مىليون يۈەنگە، ھەربىر ئوقۇغۇچىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىمى 70 يۈەنگە، تولۇقلانغان مائارىپ خىراجىتى 194 مىليون يۈەنگە يەتتى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ تولۇق ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئوقۇش كەسپى بويىچە 9 - بەش يىللىق پىلاندا كۆرسىتىلگەن ساپ كىرىم نىشانى مۇددەتتىن بىر يىل بۇرۇن ئورۇندالدى.

چېن جىنمىن

## كادىر تەربىيىلەش ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ۋەزىپىسىنى باھالاش

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر مائارىپ كومىتېتى 2 قارار ئالىي مەكتەپ كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، 120 فاكۇلتېت ۋە باشقارما دەرىجىلىك كادىرنى؛ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، 150 ئادەمنى؛ بالىلار باغچىسى تەربىيىچىلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، 261 ئادەمنى تەربىيىلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ مۇدىرلىرىدىن 30 ئادەمنى ئۈرۈمچىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە ۋەزىپە بىلەن چېنىقىشقا تاللاپ ئەۋەتتى.

1999 - يىللىق ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە مائارىپ كومىتېتىغا بىۋاستە قاراشلىق كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئۈنۋان

باھالاش خىزمىتى تاماملاندى. باھالاشقا قاتناشقان ئوقۇتقۇچى 1167، باھالاش ئارقىلىق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانىغا ئېرىشكەنلەر 286؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانىغا ئېرىشكەنلەر 174؛ ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانغا ئېرىشكەنلەر 126 (ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ بۇنىڭ سىرتىدا)؛ ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانىغا ئېرىشكەنلەر 125 (ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ بۇنىڭ سىرتىدا)؛ باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانىغا ئېرىشكەنلەر 96 (ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ بۇنىڭ سىرتىدا).

تەشكىلات - كادىرلار باشقارمىسى

## دۇنيا بانكىسىدىن ئېلىنغان قەرز پۇلنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون دۇنيا بانكىسىدىن مائارىپ ئۈچۈن 19 مىليون 500 مىڭ دوللار قەرز پۇل ئالدى. قەرز پۇلنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە: (1) توپا - تاش قۇرۇلۇشى بويىچە 733 مىڭ 851 كۋادرات مېتىر ئورۇندالدى، بۇنىڭ ئىچىدە، يېڭىدىن قۇرۇلغىنى 147 مىڭ 506 كۋادرات مېتىر، ئۆزگەرتىپ ۋە كېڭەيتىپ قۇرۇلغىنى 444 مىڭ 921 كۋادرات مېتىر، رېمونت قىلىنغىنى 141 مىڭ 424 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئومۇمىي پىلان 122% ئورۇندالدى. (2) ئۈسكۈنە. ئۈسكۈنە سېتىۋېلىشتا خېرىدار چاقىرىش ئۇسۇلى قوللىنىلدى، 44 تۈر بويىچە خېرىدار چاقىرىلدى، پىلاندىكى سېتىۋېلىش سوممىسى 19 مىليون 347 مىڭ 369.55 يۈەنگە، خېرىدار چاقىرىش ئارقىلىق پۈتتۈشۈلگەن باھا سوممىسى 16 مىليون 763 مىڭ 879.92 يۈەنگە يەتتى، 2 مىليون 583 مىڭ 489.63 يۈەن مەبلەغ تېجەپ قېلىندى. 32 زاۋۇت خېرىدار بولدى، 31 زاۋۇت بىلەن توختام تۈزۈلدى، توختامدىكى سومما 13 مىليون 339 مىڭ 879.92 يۈەن بولدى. شۇ يىلى زاكاز قىلىنغان ئۈسكۈنىلەرنىڭ ھەممىسى يېتىپ كەلدى ھەمدە تۈر بولغا قويۇلغان ناھىيىلەرگە تارقىتىپ بېرىلدى. (3) كىتاب. 3 مىليون 68 مىڭ پارچە كىتاب سېتىۋېلىش پىلانلانغانىدى، ئەمەلىيەتتە 2 مىليون 323 مىڭ 700 پارچە سېتىۋېلىندى. (4) پارتا - ئورۇندۇق. 152 مىڭ 849 يۈرۈش پارتا - ئورۇندۇق سېتىۋېلىش پىلانلانغانىدى، ئەمەلىيەتتە 140 مىڭ 737 يۈرۈش سېتىۋېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە سېتىۋېلىنغىنى 109 مىڭ 576 يۈرۈش، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە سېتىۋېلىنغىنى 31 مىڭ 161 يۈرۈش. (5) خادىم تەربىيىلەش. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىدىن 21 مىڭ 593 نى تەربىيىلەش پىلانلانغانىدى، ئەمەلىيەتتە 20 مىڭ 687 كىشى تەربىيىلەندى. (6) ئۈچۈر پىلانى. ئەسلىدە دۇنيا بانكىسىدىن 199 مىڭ 600 دوللار قەرز پۇل ئېلىش پىلانلانغانىدى، خېرىدار چاقىرىش ئارقىلىق 187 مىڭ 400 دوللار تېجەپ قېلىندى. سېتىۋېلىنغان ئۈسكۈنىلەرنى قۇراشتۇرۇش، سىناش ئىشى تاماملاندى ھەمدە ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ش ئۇ ئا ر مائارىپ كومىتېتى مەخسۇس ئۈچۈر مەركىزى قۇردى ھەمدە شتاتىنى ئەمەلىيلەشتۈردى.

چەت ئەل مەبلىغى ئىشخانىسى

## مەملىكەت بويىچە تەقدىرلەنگەن ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر

مەملىكەت بويىچە تەقدىرلەنگەن مەكتەپ تەنتەربىيىسى، ساقلىق ساقلاش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر خوتەن ناھىيىسى سېغىزكۆل يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ، قۇمۇل شەھەرلىك 5 - ئوتتۇرا مەكتەپ، كۇيتۇڭ شەھەرلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ، ئاقسۇ شەھىرى قاراتال بازارلىق ئوتتۇرا مەكتەپ، شىخەنزە شەھەرلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ، پوسكام ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ، قاراماي شەھەرلىك 19 - باشلانغۇچ مەكتەپ، بۈگۈر ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى، ئاقتۇ ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 13 - ئوتتۇرا مەكتەپ قارىمىقىدىكى بالىلار كەسپىي پېداگوگىكا مەكتىپى، بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 1 - شىسى 13 - تۈەننىڭ ئوتتۇرا مەكتىپى؛ لى گېنياۋ (ئۈرۈمچى شەھەرلىك مائارىپ كومىتېتى تەنتەربىيە - ساقلىق ساقلاش باشقارمىسىدىن)، بارىجان شېرىپ (ئاتۇش شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن)، ھەسەن ياسىن (باي ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن)، ياۋ خۇڭكۈن (سانجى ئوبلاستلىق 2 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن)، چى مىڭ (خېجىڭ ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن)، لەي ۋېنخۇي (پىچان ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن)، سەدىردىن خېلىل (ئارىشاڭ ناھىيىلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپتىن)، تاڭ فاۋېن (قاراماي شەھەرلىك 4 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن)، خەن يۈچيۇ (ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر ساقلىق ساقلاش ئورنىدىن)، مەلىكەم ئەلى (قەشقەر شەھەرلىك 3 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن)، ئەنۋەر قادىر (قۇمۇل شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن)، ئابدۇراخمان (ئۈرۈمچى شەھەرلىك 20 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن)، جاڭ ئەنشى (بىڭتۈەن 1 - شى 13 - تۈەن ئوتتۇرا مەكتىپىدىن).

زىڭ شيەنشىڭ مائارىپ فوندى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلەر

شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدىن (28 ئوقۇتقۇچى)

لى جىجۇڭ تولۇق كۇرس تۈرى بويىچە 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ ئۈرۈمچى ماتارىپ ئىنستىتۇتىدىن زېڭ چىڭچۈەن؛ خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىدىن ئابدۇرېھىملار مەخسۇس كۇرس تۈرى بويىچە 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدىن ئىسمايىل بارات، سۇي ۋېيگو، خۇ ۋېيفاڭ، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدىن پېڭ زىمو، دۇ خەن، جاۋ جېنمىن، ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدىن دۇتەن سەكەي، ئابدۇۋەلى كېرەم، ياڭ چىڭگو، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن شاڭ خۇڭزەي، لى بىڭجۈن، شىنجاڭ ماتارىپ ئىنستىتۇتىدىن ئابلىمىت سالى، ليۇ يىڭكۇي، دولقۇن ئوسمان، شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتىدىن لۇ جيەنگولار تولۇق كۇرس تۈرى بويىچە 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ قۇمۇل ماتارىپ ئىنستىتۇتىدىن ئابلىز تۆمۈر، سانجى پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىدىن جاڭ گۈيبىن، ياۋ لىڭ، خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىدىن مەتقۇربان توختى، ئۈرۈمچى ماتارىپ ئىنستىتۇتىدىن مۇرات باقى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ماتارىپ ئىنستىتۇتىدىن ئايگۈل ئابباس، خوتەن ۋىلايەتلىك ماتارىپ ئىنستىتۇتىدىن ئۆمەر رەجەپ، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى ماتارىپ ئىنستىتۇتىدىن جاڭ يىڭنا، ئىلى ماتارىپ ئىنستىتۇتىدىن تەلئەت ئەمرال، ۋاڭ جۈنيۈنلەر مەخسۇس كۇرس تۈرى بويىچە 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

باۋشەن پولات ـ تۆمۈر ماتارىپ مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلەر (4 ئوقۇتقۇچى، 12 ئوقۇغۇچى)    شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئېلېكترون ـ ئۇچۇر پەنلىرى فاكۇلتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى دوتسېنت جيا جېنخۇڭ مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلار تۈرى بويىچە ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ۋاڭ يىڭ، ئابدۇكېرىم يۈسۈپ، خۇاڭ چيۇشياڭلار مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن تاڭ چىجىن، ئابلىمىت، مابىن، زاھىرە، ئىلھام باقى، گۈلمىرە تاشبېك، شىرزات روزى، ۋۇ رۇڭ، ھىدايەت زەيدۇن، ئالىمجان، جاۋ جىڭ، تاڭ جىڭلار مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ماتارىپ يىلنامىسى

## ئاپتونوم رايوننىڭ ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 1999 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى قارار چىقىرىپ قاغىلىق ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قاتارلىق 50 ئورۇنغا «ئاپتونوم رايون بويىچە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ» دەپ، بىلال ئابدۇرېھىم قاتارلىق 150 شەخسكە «ئاپتونوم رايون بويىچە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس» دەپ نام بەردى ھەمدە ئىلغار شەخسلەرگە شەرەپ گۇۋاھنامىسى ۋە مۇكاپات پۇلى بەردى، ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئورۇنلارغا لەۋھە تەقدىم قىلدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپلار:

ئاقسۇ ۋىلايىتىدىن    ئاۋات ناھىيىسى يېڭىئېرىق يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى، ئۇچتۇرپان ناھىيىلىك ماتارىپ كومىتېتى، ئاقسۇ شەھىرى توپلۇق يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى، كۇچا ناھىيىسى چىمەن يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى.

قۇمۇل ۋىلايىتىدىن    باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى.

تۇرپان ۋىلايىتىدىن    تۇرپان شەھەرلىك ماتارىپ كومىتېتىنىڭ چوڭلار ماتارىپى ئىشخانىسى.

شىخەنزە شەھىرىدىن    شىخەنزە شەھەرلىك ماتارىپ كومىتېتىنىڭ چوڭلار ماتارىپى بۆلۈمى.

خوتەن ۋىلايىتىدىن    لوپ ناھىيىسى ھاڭگۇيا يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى، گۇما ناھىيىلىك مەدەنىيەت ـ ماتارىپ ئىدارىسىنىڭ چوڭلار ماتارىپى ئىشخانىسى، خوتەن ناھىيىسى لايقا يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى، قاراقاش ناھىيىسى قاراساي يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى.

ئالتاي ۋىلايىتىدىن    بۇرۇلتوقاي ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى، بۇرچىن ناھىيىلىك ماتارىپ ئىدارىسى، بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى كۆكتاغاش يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى، قابا ناھىيىسى سارتام يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى، چىڭگىل ناھىيىسى ئارال يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى.

قىزىلسۇ ئوبلاستىدىن    ئاقچى ناھىيىسى قۇلانساراق يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى، ئۇلۇغچات ناھىيىسى جىغىن يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى.

قاراماي شەھىرىدىن    قاراماي شەھىرى شوگەي يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى.

بايىنغولىن ئوبلاستىدىن    بۇگۇر ناھىيىسى چۇمپاق يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى، كورلا شەھىرى تېكىچى يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى، يەنجى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى، خېجىڭ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى، خېجىڭ ناھىيىسى بالغۇنتاي بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى.

قەشقەر ۋىلايىتىدىن    قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى، قەشقەر ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتى، پوسكام ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى، قەشقەر شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى، قاغىلىق ناھىيىلىك خەلق

ھۆكۈمىتى.

ئىلى ۋىلايىتىدىن كۈنەس ناھىيىسى قارابۇرا يېزىلىق ئوقۇتۇش رايونى؛ چاپچال ناھىيىسى قاينۇق يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى، قورغاس ناھىيىسى كەڭساي چارۋىچىلىق فېرمىسى خەلق ھۆكۈمىتى، غۇلجا شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى.

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىدىن ئىلى ئوبلاستلىق مائارىپ ئىدارىسىنىڭ چوڭلار مائارىپى باشقارمىسى.

ئۈرۈمچى شەھىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭىشەھەر رايونلۇق مائارىپ ئىدارىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى شىمىگو رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، ئۈرۈمچى شەھىرى دۇڭشەن رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، ئۈرۈمچى شەھىرى تۇدۇڭخابا رايونلۇق مائارىپ ئىدارىسى.

تارباغاتاي ۋىلايىتىدىن شىخو شەھىرى خاتۇبۇغ دېھقانچىلىق مەيدانى خەلق ھۆكۈمىتى، چۆچەك شەھىرى ئاشىلى داغۇر يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى، قوبۇقسار ناھىيىسى نارىنقوبۇق چارۋىچىلىق فېرمىسى.

سانجى ئوبلاستىدىن سانجى ئوبلاستلىق مائارىپ ئىدارىسىنىڭ چوڭلار مائارىپ ئىشخانىسى، مورى ناھىيىسى شىنخۇ يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى، مورى ناھىيىسى جاڭ بېيەن يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى، قۇتۇبى ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ چوڭلار مائارىپى ئىشخانىسى، مىچۈەن شەھىرى ياڭماۋگوڭ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى.

بورتالا ئوبلاستىدىن جىڭ ناھىيىسى تولى يېزىلىق مائارىپ ئىشخانىسى.

نازارەت - ئىدارىلەردىن ش ئۇ ئا ر مائارىپ كومىتېتىنىڭ چوڭلار مائارىپى باشقارمىسى، ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ ياش دېھقانلار بۆلۈمى، ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ تەشۋىقات بۆلۈمى.

ئىلغار شەخسلەر

سانجى ئوبلاستىدىن خەن گۋاڭۋېي، لەن گۋاڭرۇ، ئۆمەر، شۇ فۇچىڭ، بەي يۈمېي (ئايال)، لى سۇگېيەن، ليۇ يۈنەن، يې شيەنچىڭ، ياڭ چېنىياڭ، ما كىلى، لى شيەنجۇڭ، ۋاڭ گويۇ.

تارباغاتاي ۋىلايىتىدىن دورجارا، خۇاڭ جېڭجياڭ، ما لىفۇ، ساڭ مۇتۇڭ، غوجەك، ۋاڭ خۇيسىڭ، دورجى، ما شىنمىن، ما شۇسەي.

ئۈرۈمچى شەھىرىدىن ئەركىن ئابدۇرېھىم، سى زىلەن، مەمتىمىن سادىق، ھەبىبۇل راخمان، شۇ بىن، ياڭ يۆكې، ۋاڭ خۇيجۈن (ئايال)، پاڭ يۈفېن (ئايال)، ياڭ لىڭ (ئايال)، چېن يۈلىيەن (ئايال).

ئاقسۇ ۋىلايىتىدىن ئىمىن مامۇت، سادىق پولات، گاۋ ۋېنىڭ (ئايال)، ئەكبەر غوپۇر، ئۆمەرجان نەمەت، مەمەت تاھىر، قۇربان نەجمىدىن، توختى نىياز، ئابلىكىم مۆمىن، ياسىن ئىسمايىل، رەھمىتۇل راخمۇش.

قۇمۇل ۋىلايىتىدىن ئابلىز كېرىم، جاڭ چېڭفا، ئەمەت توختى، ئەلى ھاشىر، خالىخمان.

ئىلى ئوبلاستىدىن چېن خۇڭلى (ئايال)، ئەن لىلى (ئايال).

خوتەن ۋىلايىتىدىن مەمتىمىن ئىبراھىم، شۇ شياۋبىڭ، تۇرغۇن زاكىر، ئوبۇل سالىم، مەھەممەت ئابدۇللا، نۇرمەھەممەت، كۈرەش ئابدۇرېشىت، مەتخېلىل ناسىر، ئابدۇنېيىم رېھىم، تۇرغۇن مەتتۇرسۇن.

شىخەنزە شەھىرىدىن سۇن ۋېيى، جياڭ ياۋشياڭ، گې جېڭلۇڭ.

تۇرپان ۋىلايىتىدىن خالىق سەيپۇل، مەخمۇت مۇھەممەت، نىياز تۇرسۇن، مۆمىن سېتى، مەخمۇت رېقىپ.

قىزىلسۇ ئوبلاستىدىن مەھەممەت مۇسا، توختى ئېزىز، ليۇ شۇنفېڭ، سۇن لياڭپۇ، ياقۇپ رېھىم، ئابدۇرېھىم.

قاراماي شەھىرىدىن لى ۋېن، مەھلىيا (ئايال)، ليۇ مى.

بايىنغولىن ئوبلاستىدىن مۇتەللىپ، ما چاڭچىڭ، رېن چىڭ، لو شىنپىڭ، ئاراش، سۇن يۈنپېي، شىڭ يۆخوا، دىلبەر (ئايال)، توختى ئىمىن، قاسىم ئاسىم، تۇرسۇن ئابلا، ئېزىز غوجائەخمەت، سىچىنباتۇر.

قەشقەر ۋىلايىتىدىن زىننەت ئۆمەر (ئايال)، چېن مىڭخۇڭ، شۇ جۇڭدۇڭ، ئابلەت تۇردى، تۇرسۇن ئىبراھىم، تۇرغۇن مەمتىمىن، بەكرى ئۇلۇق، سىدىق ئۆمەر، يۇ خۇەنچيەن، كۈرەش مەھەممەت، ئەخەت سايىت، جاڭ ۋېيخۇا، ئۆمەر رېھىم، ئىسمايىل مۇرات.

ئىلى ۋىلايىتىدىن دەي كەيرۇڭ، تۇرغۇن ئابدۇقادىر، ئابلىز، نۇرمەمەت ئابلىز، شەمشىنۇر، ھاشىرباي، تۇربات، دۆلەتباي، مەھەممەت، گو تيەنفۇ، سەرسان ئىسمايىل، سەي بو.

ئالتاي ۋىلايىتىدىن لى بېندۇەن، سەكىن خۇسايىن، ئايدىڭ، ئاقزام، سەكىن، قايىبار، رېشىتبېك، بازان، يۈ چاۋچۈن، شۇ جىگو، يىن جيەنجۇڭ، خۇاڭ گوچياڭ.

بورتالا ئوبلاستىدىن ئىمىن مەھەممەت، ھاجىبۇسىن (ئايال)، شۇ تيەنلۇ، جاڭ شيۇكەي، سۇن سۇگېڭ.

ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار نازارەت - ئىدارىلىرىدىن چېن دېپىڭ، سادىر قادىر، جۇاڭ ۋېنجۇ، غوپۇر ھاشىم، بىلال ئابدۇرېھىم، دۇ بىنلى، ئەنۋەر ئوسمان، تاڭ خۇڭبىن، شېن لىخۇا (ئايال)، ئەنۋەر نىياز، ئىسمايىل خاتىپ، ياڭ جاۋگۇاڭ، لى جىپ (ئايال)، ئەلى ئابدۇكېرىم، گاۋ لىشەن،

گاۋ پېيىلىڭ، تۇرنىسا رېشىت، جاۋ ۋېيلىڭ (ئايال).

مائارىپ يىلنامىسى

# ئاساس مائارىپى

## ئومۇمىي بايان

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 1725 بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 38ى ئازايدى، بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 488 بولۇپ، 29 ى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 1237 بولۇپ، 9ى، باشلانغۇچ مەكتەپ 6796 بولۇپ، 41ى ئازايدى. ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 1 مىليون 62 مىڭ 380 گە يېتىپ، %10.8 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقانلار 189 مىڭ 37 بولۇپ، %3.2، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقانلار 873 مىڭ 343 بولۇپ، %12.6 ئاشتى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى %76.65كە يېتىپ، %2.48 ئاشتى. باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقانلار 2 مىليون 507 مىڭ 406 گە يېتىپ، %0.2 ئاشتى، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى %97.09 بولۇپ، %0.59 ئازايدى.

ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 72 مىڭ 195 كە يېتىپ، %3.4 كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 15 مىڭ 673كە يېتىپ، %1.9 كۆپەيدى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەخسۇس ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش تارىخىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %52.71كە يەتتى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىكى مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 56 مىڭ 522 گە يېتىپ، %3.8 كۆپەيدى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەخسۇس ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش تارىخىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %86.96كە يەتتى. باشلانغۇچ مەكتەپتىكى مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 126 مىڭ 401 گە يېتىپ، %2.5 كۆپەيدى، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش تارىخىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %96.81كە يەتتى. ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ ئۆيى كۆلىمى 7 مىليون 113 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، %3 ئاشتى. باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ ئۆيى كۆلىمى 7 مىليون 999 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، %5.4 ئاشتى.

مائارىپ يىلنامىسى

## ئەخلاق تەربىيىسى

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر مائارىپ كومىتېتى بىر قىسىم ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئەخلاق تەربىيىسى خىزمىتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ماركسىزملىق دۆلەت قارىشى، مىللەت قارىشى، دىن قارىشى، مەدەنىيەت قارىشى، تارىخ قارىشى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، مەكتەپلەرنىڭ ئەخلاق تەربىيىسى خىزمىتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى ئىگىلەپ ساقلىنىۋاتقان ئاساسلىق مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىپ، «ئاپتونوم رايوندىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئەخلاق تەربىيىسى خىزمىتى توغرىسىدا تەكشۈرۈش دوكلاتى» يېزىپ چىقىپ يۇقىرىغا يوللىدى. «ئىلىم پەنگە ھۆرمەت قىلىپ، ئاتېزىم تەربىيىسىدە چىڭ تۇرايلى»، «مىللىي سىياسەت ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى»غا ئوخشاش بىر يۈرۈش ئوقۇشلۇق، شۇنداقلا مائارىپ بىلەن دىننى ئايرىشتا چىڭ تۇرۇپ، دىننىڭ مەكتەپلەرگە سىڭىپ كىرىشى ۋە تەسىر كۆرسىتىشىنى قەتئىي توسۇش توغرىسىدىكى تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئۇنى ئوقۇغۇچىلارغا ماركسىزملىق «بەش خىل قاراش» تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا قوشۇمچە ماتېرىيال قىلدى. ش ئۇ ئا ر مائارىپ كومىتېتى «بەش خىل قاراش» تەربىيىسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ خوتەن، قەشقەر قاتارلىق جايلاردىكى ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە بېرىپ نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈپ، بىر تەرەپ يېتەكلەپ، بىر قەدەر ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر مائارىپ كومىتېتى بىلەن ئىتتىپاق كومىتېتى بىرلىكتە مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى، مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلار كادىرى ۋە ئىلغار سىنىپ كوللېكتىپىنى باھالاش ۋە كۆرسىتىش خىزمىتىنى ئىشلەپ، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچىدىن 197 نى، مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلار كادىرىدىن 103نى، «ئىلغار سىنىپ كوللېكتىپى»دىن 48 نى باھالاپ چىقىپ مۇكاپاتلىدى. شىنجاڭ تېببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى دورىگەرلىك ئىنستىتۇتىنىڭ دورىگەرلىك فاكۇلتېتىدىن ئىبراھىم ئىسمايىل مائارىپ مىنىستىرلىكى ۋە ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلار كادىرى ئۈلگىسى» دېگەن نامغا ئېرىشتى، شياۋ يۈنبىڭ قاتارلىق 6 ئوقۇغۇچى «مەملىكەت بويىچە ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى»، مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلار كادىرى بولۇپ باھالاندى، شىنجاڭ تېببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى كلىنىكا ئىنستىتۇتىنىڭ 96 - يىللىق 2 - سىنىپى قاتارلىق 4 سىنىپ كوللېكتىپى مەملىكەت بويىچە ئىلغار سىنىپ كوللېكتىپى بولۇپ باھالاندى.

ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت باشقارمىسى

## تەنتەربىيە مائارىپى

1999 - يىلنىڭ بېشىدا ش ئۇ ئا ر مائارىپ كومىتېتى ئولۇقسىزدىن تولۇققا چىقىدىغان ئوقۇغۇچىلاردىن تەنتەربىيە ئىمتىھانى ئېلىش مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى، يىغىندا سانجى ئوبلاستى تولۇقسىزدىن تولۇققا چىقىدىغان ئوقۇغۇچىلاردىن تەنتەربىيە ئىمتىھانى ئېلىش خىزمىتىنى ئىشلەش تەجرىبىسىنى تونۇشتۇردى، يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار ئاپتونوم رايوننىڭ تەنتەربىيە خىزمىتىنى قانداق قانات يايدۇرۇش ئۈستىدە تولۇق مۇھاكىمە يۈرگۈزدى. بىر يىلدا ئاپتونوم رايون بويىچە تېچۇەنداۋ گۈزەللىك گىمناستىكىسى ترېنېرلىرى ۋە رېپېرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى؛ گۈزەللىك گىمناستىكىسى، ساغلاملىق گىمناستىكىسى، ئوتتۇرا ياشلىقلار - ياشانغانلار - ياشلار چامباشچىلىق مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرۇلدى؛ ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتناشتۇرۇش خىزمىتى ئىشلەندى. مەملىكەتلىك 7 - نۆۋەتلىك ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە، شىنجاڭ تەنتەربىيە كوماندىسى بىر كۈمۈش مېدال، 2 مىس مېدال ئالدى، بىر تۈردە 4 - لىككە، بىر تۈردە 5 - لىككە، 2 تۈردە 6 - لىككە، بىر تۈردە 7 - لىككە، 3 تۈردە 8 - لىككە ئېرىشتى؛ پۇتبول كوماندىسى 6 - لىككە ئېرىشتى؛ يېنىك ئاتلېتىكا كوماندىسى بىلەن پۇتبول كوماندىسى تەنتەربىيە ئەخلاق - پەزىلىتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، ۋەكىللەر ئۆمىكى تەنتەربىيە ئەخلاق - پەزىلەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 1999 - يىلى ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك مەكتەپ تەنتەربىيىسى - ساغلاملىق خىزمىتى تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنىدا، ئاپتونوم رايوندىن 10 ئىلغار كوللېكتىپ ۋە 12 ئىلغار شەخس مۇكاپاتلاندى ھەمدە 2 ئىلمىي ماقالە يىغىننىڭ ئىلمىي ماقالىلەر مەخسۇس توپلىمىغا كىرگۈزۈلدى.

تەنتەربىيە - سەھىيە - سەنئەت باشقارمىسى

## سەنئەت تەربىيىسى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ھەرخىل مەكتەپلەر يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش، ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى قارشى ئېلىش، «5 - ماي» ھەرىكىتىنىڭ 80 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئاساسىي تېما قىلىنغان مول مەزمۇنلۇق ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى. ئاپتونوم رايون بويىچە باھالاش ئارقىلىق، خەتتاتلىق بويىچە ئىككى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپات، ئىككى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپات، ئىككى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپات باھالاندى؛ سىدام سىزما بويىچە بىر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپات باھالاندى؛ فوتو سۈرەت بويىچە بىر 1 - دەرىجىلىك مۇكاپات، بىر 2 - دەرىجىلىك مۇكاپات، ئۈچ 3 - دەرىجىلىك مۇكاپات باھالاندى؛ ئۇسسۇل (كەسپىي گۇرۇپپا ۋە ئادەتتىكى گۇرۇپپا) بويىچە ئۈچ 1 - دەرىجىلىك مۇكاپات، ئۈچ 2 - دەرىجىلىك مۇكاپات، تۆت 3 - دەرىجىلىك مۇكاپات باھالاندى. مۇشۇ ئاساستا، 10 نومۇر تاللىنىپ 99' ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى سەنئەت بايرىمى مۇسابىقىسىگە قاتناشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تەييارلىغان «چېگرا رايون ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ خىسلىتى» ناملىق ئۇسسۇل (A گۇرۇپپا بويىچە) 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتى تەييارلىغان «تارىم قىزى» ناملىق نومۇر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 3 ئوقۇتقۇچى مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مۇزىكا ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئاساسىي ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسىگە قاتناشتۇرۇلدى، بىر كىشى 2 - دەرىجىلىك، ئىككى كىشى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 3 ئوقۇتقۇچى مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن گۈزەل سەنئەت ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئاساسىي ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، بىركىشى 1 - دەرىجىلىك، ئىككى كىشى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ تەلپىگە بىنائەن ئاپتونوم رايون ئۈرۈمچى ناھىيىسى بىلەن مەكىت ناھىيىسىنى مەملىكەتلىك سەنئەت تەربىيىسى تەجرىبە ناھىيىسى قىلىپ كۆرسىتىپ، مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ تەستىقلىشىغا سازاۋەر بولدى. يىل ئاخىرىغىچە ھەر ئىككى ناھىيە ئۆزلىرىنىڭ تەتقىقات تېمىلىرىنى تاللاپ بېكىتتى.

تەنتەربىيە - سەھىيە - سەنئەت باشقارمىسى

## مائارىپ مۇپەتتىشلىكى

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى قارار چىقىرىپ، قابا، يەنجى، پوسكام، بۇرچىن، بۇرۇلتوقاي، قوبۇقسار، باركۆل، ئونسۇ، كەلپىن، ئاتۇش، قەشقەر، قاغىلىقتىن ئىبارەت 12 ناھىيە - شەھەرگە 9 يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئاساسەن ئومۇملاشتۇرغان، ياشلار - ئوتتۇرا ياشلىقلار ئارىسىدىكى ساۋاتسىزلىقنى ئاساسەن تۈگەتكەن لاياقەتلىك ناھىيە - شەھەر دەپ نام بېرىپ لەۋھە تەقدىم قىلدى. 5 يىلدىن بېرى، ئاپتونوم رايون بويىچە 55 ناھىيە، شەھەر ۋە رايون «ئىككى ئاساسەن»نى ئىشقا ئاشۇردى.

مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىنكى مۇستەھكەملەش، ئۆستۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى يولغا قويۇش

توغرىسىدىكى پىكىر» بىگە ئاساسەن، 1999 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مائارىپ مۇپەتتىشلىك ئىشخانىسى 1997 ـ يىلى «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا لاياقەتلىك بولغان 11 ناھىيە ـ شەھەرنىڭ «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتىنى قايتا تەكشۈردى. غۇلجا شەھىرى «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنغاندىن كېيىن، داۋاملىق 10 مىليون يۈەن مەبلەغ تەييارلاپ 7 مەكتەپنىڭ ئۆي ـ ئىمارەتلىرىنى كېڭەيتكەن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇشتىن توختاپ قېلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، غۇلجا شەھەرلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى بۇ خىزمەتنى ئۆزى تۇتۇپ، 5 بەنزىنىڭ رەھبەرلىرى دائىرە بويىچە ھۆددىگە ئېلىپ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكەن. جىمىسەي ناھىيىسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇشتىن توختاپ قېلىشىنى ئاساسەن توسۇپ قېلىپ، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇشتىن توختاپ قېلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تەجرىبە يارىتىپ بەردى. نىيە ناھىيىسى، قاراماي شەھىرى «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتىنىڭ ئارخىپلىرىنى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇپ، ئاجىز مەكتەپلەرگە قارىتا نۇرغۇنلىغان ياخشىلاش تەدبىرلىرىنى قوللانغان.

ئاپتونوم رايوندا مىللەت ۋە قوللىنىلىدىغان تىللارنىڭ كۆپ بولۇش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، 1999 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر مائارىپ مۇپەتتىشلىك ئىشخانىسى دۆلەت مائارىپ مۇپەتتىشلىك تەربىيىلەش مەركىزىگە 66 ئادەمنى ئەۋەتىپ تەربىيىلىدى. 8 ـ ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە 3 ـ قارار ئۇيغۇر تىلىدىكى مۇپەتتىشلىك ئورنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى 89 مۇپەتتىش كۇرسقا قاتناشتى. بىر يىلدا 155 مۇپەتتىش تەربىيىلەندى.

مائارىپ يىلنامىسى

## مىللىي ئۆسمۈرلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانى

مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ 1999 ~ 2000 ـ يىللىق مىللىي ئۆسمۈرلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانىنى ئەستايىدىل ھەم ياخشى تۈزۈش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايون 1999 ~ 2000 ـ يىللىق مىللىي ئۆسمۈرلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى.

ئەما بالىلار تەربىيىسى ئەما بالىلارنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىغا ئاساسەن، دائىرە بويىچە مەركەزلەشتۈرۈپ مەكتەپ باشقۇرۇش يولىغا قويۇلدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەما بالىلار مەكتىپى (200 ~ 250 كىشىلىك) نى ياخشى باشقۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، قەشقەر شەھەرلىك گاس ـ گاچىلار مەكتىپىدە تەسىس قىلىنغان ئەما ئوقۇغۇچىلار بۆلۈمى (100 كىشىلىك) 1999 ـ يىلى كۈزدە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 3 ۋىلايەت، ئوبلاستتىن ئاز سانلىق مىللەت ئەما بالىلىرىنى ئوقۇشقا قوبۇل قىلدى.

گاس ـ گاچىلار تەربىيىسى پىلان بويىچە قۇرۇلىدىغان گاس ـ گاچىلار مەكتىپى 15، بۇ مەكتەپلەرنى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر باشقۇرىدۇ، ئۇلارغا نىسبەتەن تەدرىجىي ھالدا ناھىيىلەرنى قاپلاش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. 1998 ـ يىلى پىلانغا كىرگۈزۈلگەن تارباغاتاي گاس ـ گاچىلار مەكتىپى (250 ~ 300 كىشىلىك) 1999 ـ يىلى كۈزدىن باشلاپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا باشلىدى. 1999 ـ يىلى ئىلى ۋىلايىتىدە گاس ـ گاچىلار مەكتىپى (250 ~ 280 كىشىلىك) قۇرۇش پىلانلاندى.

زېھنى ئاجىزلار تەربىيىسى زېھنى ئاجىزلارنى ئوقۇتىدىغان مەكتەپ ئايرىم قۇرۇلماي، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز تىلىدا دەرس ئۆتۈش ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، ئادەتتىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ سىنىپلىرىدا ئەگەشتۈرۈپ ئوقۇتۇش ۋە ئالاھىدە مائارىپ سىنىپلىرىنى قوشۇمچە تەسىس قىلىپ ئوقۇتۇش شەكلى قوللىنىلدى.

1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئەما بالىلار تەربىيىسى ۋە زېھنى ئاجىز بالىلار تەربىيىسى ئوقۇتقۇچىلىرى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى، كۇرسقا 106 ئالاھىدە مائارىپ ئوقۇتقۇچىسى قاتناشتى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايوندىكى بىر قىسىم ئالاھىدە مائارىپ مەكتەپلىرى مەملىكەتلىك 3 ـ نۆۋەتلىك ئەما ـ گاس ـ گاچىلار مەكتەپلىرى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆرىكىگە قاتناشتى، قاتناشتۇرۇلغان 5 نومۇر بويىچە ئىككى 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپات، بىر 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپات، بىر مۇنەۋۋەر مۇكاپات قولغا كەلتۈرۈلدى.

ئاساسىي مائارىپ باشقارمىسى

## مائارىپ پەن تەتقىقاتى

1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايون مائارىپ تەتقىقاتى جەمئىيىتى ساپا مائارىپىنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ، بىر قەدەر ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

1. ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىپىزملىق، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە كەسپىي ئەخلاق تەربىيىسى ئاساسىي تېما قىلىنغان «قوش تىل»لىق سەييارە دوكلات بېرىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. دوكلات بېرىش ئۆمىكى خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل، تاجىك قاتارلىق 5 مىللەتتىن بولغان 5 مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى ۋە 4 مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىدىن تەركىب تاپتى. ئۇلار خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ، قىزىلسۇ، بايىنغولىن قاتارلىق جايلاردىكى 18 ناھىيە (شەھەر) گە بېرىپ 23 مەيدان

ئۆتتۇق سۆزلىدى، ئاڭلىغۇچىلار 57 سىلاق ئادەم (قېتىم) گە يېتىپ، جەمئىيەتتە ياخشى تەسىر قالدۇردى.

2. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئەخلاق تەربىيىسى خىزمىتى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىندى. 4 - ئايدىن 6 - ئايغىچە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ، ئىلى، بورتالا، سانجى قاتارلىق ۋىلايەت - ئوبلاستلاردىكى 15 ناھىيە (شەھەر) دىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئەخلاق تەربىيىسى خىزمىتىنى نۇقتىلىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. 738 ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى (بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىسى 443) ۋە 869 باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى (بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىسى 536) سوئال - جاۋاب ئارقىلىق تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەخلاق تەربىيىسى خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى، «ئىككى دەرس» ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە سىنىپ مەسئۇللىرى مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلىپ، نۆۋەتتە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئەخلاق تەربىيىسى خىزمىتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە ساقلىنىۋاتقان ئاساسلىق مەسىلىلەر ئاساسەن ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، مائارىپقا مەسئۇل تارماقلارغا ئەخلاق تەربىيىسى خىزمىتىنى قانداق قىلىپ كۈچەيتىش توغرىسىدا پىكىر ۋە تەدبىرلەر يەتكۈزۈپ بېرىلدى.

3. ھەرخىل ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ساپا مائارىپى ۋە پەنلەر بويىچە ئوقۇتۇش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. 1 - نۆۋەتلىك دېڭىز بوغۇزىنىڭ ئىككى قىرغىقىنىڭ گۈزەل سەنئەت تەربىيىسى بويىچە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى؛ «نورۇزگۈل لوڭقىسى»نى تالىشىش بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئۆسمۈرلەر نەق مەيداندا رەسىم سىزىش ئىجادىيىتى مۇسابىقىسىنىڭ شىنجاڭ مۇسابىقە رايونى بويىچە تاللاش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى؛ خەلقئارا ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى رەسىم - ھۆسنخەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش ئىشى ئۇيۇشتۇرۇلدى؛ بىئولوگىيە ئوقۇتۇش ماھىرلىرى مۇكاپاتلىق مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى؛ «يىراقتىن ئوقۇتۇش ۋە زامانىۋى ئوقۇتۇش تېخنىكىسى» مەخسۇس لېكسىيىسى ئۇيۇشتۇرۇلدى؛ ساپا مائارىپىنى مۇپەتتىش قىلىش ۋە باھالاش لايىھىسىنى يولغا قويغۇچى خادىملارنى تەربىيىلەش كۇرسى، كومپيۇتېر تەربىيىلەش كۇرسى، ساغلاملىق تەربىيىسى ۋە بالىلار مائارىپى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى، كۇرسقا 9000 دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتۇرۇلۇپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئاساس سېلىندى.

4. ئوقۇتۇش تەتقىقاتىدا يېڭى ئىلگىرىلەشلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئادەتتىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ساپا مائارىپىنى مۇپەتتىش قىلىش ۋە باھالاش لايىھىسى» مۇھاكىمە قىلىپ تۈزۈپ چىقىلدى ھەمدە ئاپتونوم رايون بويىچە يولغا قويۇلدى. ش ئۇ ئا ر مائارىپ ئىلمى پىلانلاش ئىشخانىسىنىڭ تاللىشى ئارقىلىق، 9 - بەش يىللىق مائارىپ پىلانى ھەققىدىكى تەتقىقات تېمىسىدىن 40 تۈر تاللاپ چىقىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە نۇقتىلىق تەتقىقات تۈرى 10 بولۇپ، تەتقىقات تېمىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئورۇنلارغا خىراجەت تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. ئىجتىمائىي پەن ئىلمىي ماقالىلىرىنى يىللىق باھالاش بويىچە 64 پارچە ماقالە قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 9 پارچىسى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 2 پارچىسى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 27 پارچىسى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. كۈيتۇڭ شەھىرىدىن ۋاڭ لىنخۇي مۇئەللىم ئىشلىگەن «ئائىلىنىڭ كىچىك خوجايىنى بولۇش» ناملىق سىنىئالغۇ دەرسلىكى مەملىكەتلىك باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيە - ئەخلاق تەتقىقات جەمئىيىتى تەرىپىدىن 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك 12 - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ماۋ فېڭ ئۆتكەن «ئاق تېرەك» ناملىق دەرس مەملىكەتلىك باشلانغۇچ مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات تەتقىقات جەمئىيىتى تەرىپىدىن 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى 2 - باشلانغۇچ مەكتىپىدىكى چى شىنچياڭ مۇئەللىم ئۆتكەن باشلانغۇچ مەكتەپ ماتېماتىكا دەرسى مەملىكەتلىك باشلانغۇچ مەكتەپ تەتقىقات جەمئىيىتى تەرىپىدىن 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ خەن يۇمەي (شىنجاڭ تەجرىبە باشلانغۇچ مەكتىپىدىن)، دەي ۋېنلەن (ئۈرۈمچى شەھەرلىك 41 - باشلانغۇچ مەكتەپ) لەر ئۆتكەن سىنىئالغۇ دەرسى 1 - ۋە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ئاپتونوم رايوندىن مەملىكەتلىك نىشانلىق ئوقۇتۇش كەسپىي كومىتېتى تەرىپىدىن تەقدىرلەنگەن ئوقۇتقۇچىلار:

1 - دەرىجىلىك مۇكاپات (3 سائەتلىك ئوچۇق دەرس)

تىل - ئەدەبىيات: چىڭ خۇڭيەن (ئۈرۈمچى شەھەرلىك 27 - باشلانغۇچ مەكتەپ) ئۆتكەن «نىلۇپەر». ماتېماتىكا: جاڭ بىن (ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونلۇق ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسىدىن) ئۆتكەن «تەڭلىمىنىڭ مەنىسى ۋە تەڭلىمىنى يېشىشنىڭ ئاددىي ئۇسۇلى». تەبىئەت: تاۋ جىنيى (ئۈرۈمچى شەھەرلىك 4 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن) ئۆتكەن «يېمەكلىكلەرنىڭ قۇۋۋىتى».

1 - دەرىجىلىك مۇكاپات (5 سائەتلىك سىنىئالغۇ دەرسى)

تىل - ئەدەبىيات: سەي چۈنجىن (ئۈرۈمچى شەھەرلىك 15 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن) ئۆتكەن «ئۇنتۇلماس دەرس»؛ پېي شۆلىيەن (بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 1 - شىنىڭ 8 - تۇەنىدىن) ئۆتكەن «گۈلدۈرماملىق يامغۇر»؛ ھېلىمە (ئۈرۈمچى

تۆمۈريول ئىدارىسى 1 - باشلانغۇچ مەكتىپىدىن) ئۆتكەن «خەنزۇچە دەرس». جەمئىيەت: جۇ چيالىڭ (ئۈرۈمچى شەھەرلىك 43 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن) ئۆتكەن «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى». ئىدىيە - ئەخلاق: جى شياۋلىڭ (ئۈرۈمچى «1 - ئاۋغۇست» ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ پەرزەنتلەر باشلانغۇچ مەكتىپىدىن) ئۆتكەن «باشقىلارنى ھۆرمەتلەيدىغان مىللىي ئۆرپ - ئادەت».

2 - دەرىجىلىك مۇكاپات (2 سائەتلىك سىنئالغۇ دەرسى) ماتېماتىكا: لى يۇخۇا (بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 1 - شىنىڭ 7 - تۈەنىدىن) ئۆتكەن «ئونغا ئوننى قوشۇش». ئىدىيە - ئەخلاق: ۋاڭ يىڭ (بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 1 - شىنىڭ 7 - تۈەنىدىن ئۆتكەن «كۆڭلىدە باشقىلارمۇ بولۇش».

ئوقۇتۇش تەتقىقات ئورنى، ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسى

# كەسپىي مائارىپ ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوم مائارىپى

## ئومۇمىي بايان

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ئادەتتىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپ 113 بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 2 سى ئازايدى؛ قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى 36 مىڭ 14كە يېتىپ، 30.9% كۆپەيدى؛ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 93 مىڭ 445 كە يېتىپ، 13.6%؛ مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 7229غا يېتىپ، 0.5%؛ ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 2 مىليون 643 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، 1.2% ئاشتى. كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ 116 بولۇپ، 5ى؛ قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى 18 مىڭ 228 بولۇپ، 8.2%؛ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 49 مىڭ 871 بولۇپ، 3.1%؛ مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 3598 بولۇپ، 1.2% ئازايدى؛ ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 514 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، 5.1% ئاشتى. ئوتتۇرا تېخنىكوم كەسپىي مائارىپى (ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم، كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا، چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكومى، تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى) نىڭ ئوقۇغۇچىلىرى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ 49.36%نى ئىگىلىدى.

مائارىپ يىلنامىسى

## ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مائارىپى

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر مائارىپ كومىتېتى ئاپتونوم رايوندىكى 21 ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتىپىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىدى ۋە ئۇلارنى تەكشۈردى، «پېداگوگىكا مەكتەپلىرىنى ئۈچ دەرىجىلىك قۇرۇلمىدىن ئىككى دەرىجىلىك قۇرۇلمىغا ئۆتكۈزۈش» يۆنىلىشىگە ئاساسەن، ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتەپلىرىنىڭ جايلىشىشى ۋە قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش توغرىسىدىكى دەسلەپكى پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مائارىپ مىنىستىرلىكى ئېلان قىلغان «ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇتۇشىنى باھالاش لايىھىسى» (سىناق نۇسخا) دىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ھەر قايسى ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتەپلىرىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى تەكشۈرۈش ۋە باھالاش ئاساسىدا، مائارىپ كومىتېتى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ ئىلى 1 - ۋە 2 - پېداگوگىكا مەكتىپى، بورتالا ئوبلاستلىق پېداگوگىكا مەكتىپى، تارباغاتاي پېداگوگىكا مەكتىپى ۋە ئالتاي پېداگوگىكا مەكتىپىنى باھالاپ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇتۇش خىزمەتلىرىنى ئىلگىرى سۈردى.

ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتەپلىرىگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش بىر ئىزغا سېلىندى. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتەپلىرىگە 9100 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى؛ ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتەپلىرى بىلەن مائارىپ ئىنستىتۇتلىرى بىرلىكتە «2+3» بويىچە 2500 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش پىلانىنى ئورۇندىدى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 3 ۋىلايەت، ئوبلاستقا 800 خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىسىنى نىشانلىق تەربىيىلەپ بەردى، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتىپى ئوقۇتقۇچىسى 500، ئالىي دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتىپى ئوقۇتقۇچىسى 300.

ئوقۇتقۇچىلار باشقارمىسى

## تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرىنى ئىسلاھ قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرىنىڭ جايلىشىشى، قۇرۇلمىسى ۋە كەسپلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىشىنى تەدرىجىي تەڭشەپ، دۆلەت دەرىجىلىك، ئۆلكە دەرىجىلىك تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرى ئىچىدىكى شارائىتى ھازىرلانغان مەكتەپلەرنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك تېخنىك ئىشچىلار كۇرسى ئېچىشىغا ئىلھام بەردى؛ ش ئۇ ئا ر تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرىگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشخانىسىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى ئاستىدا، ئوقۇغۇچى مەنبەسى بار تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرىنىڭ ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشىغا رۇخسەت قىلدى؛ تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرىنىڭ ئەمگەك زاپىسى تۈزۈمى ۋە ئىشتىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە تەربىيىلەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىشىنى تەلەپ قىلدى.

ئەتىيازلىق ۋە كۈزلۈك ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى بەنمۇ ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ئۇنجى قېتىم «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» دە ئاپتونوم رايوندىكى 70 تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش نىزامنامىسى، كەسىپلەرنىڭ تەسىس قىلىنىشى بېسىلدى، شۇنداقلا ئاپتونوم رايوندىكى دۆلەت ۋە ئۆلكە - مىنىستىرلىق دەرىجىلىك 8 تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى مەخسۇس بەتتە تەشۋىق قىلىندى؛ شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن بىرلىكتە ئاپتونوم رايوندىكى بىر قىسىم تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرى مەزمۇن قىلىنغان مەخسۇس فىلىم ئىشلەپ، 6 - ئايدا شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە تىلدا كۆپ قېتىم كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىللىي يېزىقتىكى ئىمتىھان سوئالى چىقىرىش، خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە، موڭغۇلچە، قىرغىزچە 5 خىل ئىمتىھان سوئاللىرىنى بېسىش تاماملاندى. ئىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، 1999 - يىللىق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش پىلانىنىڭ %71ى ئورۇندالدى، 12 مىڭ يېڭى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، بۇ 1998 - يىلدىكىدىن %11 ئاز.

«تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى باشقۇرۇش قائىدىسى» نى يولغا قويۇش يۈزىسىدىن، ئاپتونوم رايون بويىچە تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر دەرس پىلانلىرىنى سېلىشتۇرۇپ باھالاش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، 35 تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى 178 نۇسخا دەرس پىلانى كونېپكىسى تاللاپ سېلىشتۇرۇپ باھالاشقا قاتناشتۇردى، 48 نۇسخا دەرس پىلانى مۇنەۋۋەر بولۇپ باھالاندى. 4 - ئايدا تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرىدىكى مەخسۇس خادىملار قاتناشتۇرۇلغان كەسپىي يېتەكچىلىك بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى. ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ش ئۇ ئا ر مەركىزىي ئەمگەك كۈچلىرى بازىرى ئاچقان تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار كېڭىشىش يەرمەنكىسىگە قاتناشتۇرۇلدى، تېخنىك ئىشچىلارنى تەربىيىلەش بىلەن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسىتى بىرلەشتۈرۈلۈپ، مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچى تەربىيىلىشى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ بازار رىقابىتىگە قاتنىشىشىغا دائىر ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان يول ئۈستىدە ئىزدىنىلدى. 5 - ئايدا ئۈرۈمچى، كۈيتۇڭ، ئاقسۇ شەھەرلىرىدە 3 - نۆۋەتلىك تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرىدىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، ئاپتونوم رايوندىكى 44 تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىدىن 116 ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ۋەكىلى مۇسابىقىگە قاتناشتى، تاللاش مۇسابىقىسى، ھەل قىلغۇچ مۇسابىقە ئارقىلىق، 46 ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ۋەكىلى 1 -، 2 - ۋە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 15 مەكتەپ كوللېكتىپ 1 -، 2 - ۋە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

1999 - يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايوندىكى يۇقىرى دەرىجىلىك تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىدىن بىرى، دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىدىن 10ى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىدىن 5ى بار بولدى.

خې شىڭۋېي

## ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش بىر ئىزغا سېلىندى

1998 - يىلى ئاپتونوم رايون بىر قىسىم ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى بىر ئىزغا سېلىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش ئاساسىدا، 1999 - يىلى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى پۈتۈنلەي بىر ئىزغا سالدى. ئاپتونوم رايونلۇق كەسپىي مائارىپ خىزمىتى يىغىنىدا بەلگىلەنگەن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش پىلانىنى پىشاڭ قىلىپ، مەكتەپلەرنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى روھقا ئاساسەن، 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون داۋاملىق ھالدا شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە ئۈرۈمچى كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتىدا سىستېمىلار بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئۆرلەپ ئوقۇش سىنىپىغا قوبۇل قىلدى، شۇ يىلى 180 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى؛ چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرىگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش پىلانى 2500 نەپەر كۆپەيتىلدى؛ بۇنىڭدىن باشقا «3+2» سىنىپلىرى ئېچىلىپ، سىستېمىلار بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار قوبۇل قىلىنىپ، ئەمەلىيەتتىكى ئىقتىداسىغان ئىختىساس ئىگىلىرى تەربىيىلەندى.

كەسپىي مائارىپ باشقارمىسى

## يېزا - ئىگىلىكنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇش نەق مەيدان يىغىنى

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر مائارىپ كومىتېتى بىلەن دېھقانچىلىق نازارىتى بىرلىكتە ئاپتونوم رايونلۇق مەكتەپلەر بىلەن يەرلىك بىرلىشىپ يېزا ئىگىلىكنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇش نەق مەيدان يىغىنى ئېچىپ، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك مەكتىپى بىلەن قۇتۇبى ناھىيىسى دافېڭ بازىرىنىڭ مەكتەپ بىلەن يەرلىك بىرلىشىپ يېزا ئىگىلىكنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتىكى تەجرىبىسىنى يەكۈنلىدى ۋە كېڭەيتتى. يىغىنغا ئاپتونوم رايوندىكى 10 يېزا ئىگىلىك مەكتىپى، 2 چارۋىچىلىق

مەكتىپى، 10 كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ رەھبەرلىرى ۋە مەسئۇل تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرى قاتناشتى. ۋەكىللەر دافېڭ بازىرىنىڭ پاختىچىلىق بازىسى ۋە ماناس ناھىيىسىنىڭ لوتويى كۆممىقوناق بازىسىغا بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ ئىلھام ۋە تەربىيە ئالدى. شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن دافېڭ بازىرى بىرلىشىپ، ئىككىلا تەرەپ پايدىغا ئېرىشكەن. يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى مەكتەپ باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى چېنىقتۇرۇپ، مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتىنى ياخشىلىغان. دافېڭ بازىرىنىڭ پاختا ھوسۇلى 1994 - يىلىدىكى مو بېشىغا 46 كىلوگرام، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىم 1049 يۈەن بولۇشتىن، 1998 - يىلى مو بېشى ھوسۇلى 105 كىلوگىرامغا، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىم 5160 يۈەنگە يەتكەن.

كەسپىي مائارىپ باشقارمىسى

# ئالىي مائارىپ

## ئومۇمىي بايان

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاسپىرانت تەربىيىلەيدىغان ئورۇندىن 10ى بار بولۇپ، 380 ئاسپىرانت قوبۇل قىلىندى، بۇ 1998 - يىلدىكىدىن %39.8 كۆپ؛ ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئاسپىرانت 229 غا يېتىپ، %32.3؛ مەكتەپتىكى ئاسپىرانت 901گە يېتىپ، %20.6؛ ئاسپىرانت يېتەكلەش ئوقۇتقۇچىسى 738گە يېتىپ، %9.5 كۆپەيدى. ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ 17، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىككە قارايدىغىنى 14؛ قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى 19 مىڭ 435 كە يېتىپ، %54.2 كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىككە قارايدىغان مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنغىنى 15 مىڭ 859 غا يېتىپ، %68.7؛ ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 11 مىڭ 567 گە يېتىپ، %3.8 كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىككە قاراشلىق مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگىنى 8869غا يېتىپ، %7.1 كۆپەيدى؛ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 54 مىڭ 58 گە يېتىپ، %15.7 كۆپەيدى؛ بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىككە قاراشلىق مەكتەپلەردىكىسى 42 مىڭ 724 كە يېتىپ، %18.1 كۆپەيدى. ھەر 10 مىڭ نوپۇس ئىچىدە ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 30.93 تىن توغرا كېلىپ، %3.74 كۆپەيدى. ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەردىكى مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 7516 بولۇپ، %0.9 كېمەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىككە قاراشلىق مەكتەپلەردىكى مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 6256 بولۇپ، %0.7 كېمەيدى. ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 2 مىليون 401 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، %7.5 كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىككە قاراشلىق مەكتەپلەرنىڭ 1 مىليون 872 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، %7.6 كۆپەيدى.

مائارىپ يىلنامىسى

## ئالىي مەكتەپلەرنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى يىغىنى

ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، تەشۋىقات بۆلۈمى، ش ئۇ ئا ر ئالىي مەكتەپ خىزمىتى كومىتېتى، مائارىپ كومىتېتى پارتگورۇپپىسى 1999 - يىل 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى بىرلىكتە ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئاپتونوم رايونلۇق ئالىي مەكتەپلەر پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى يىغىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر قايسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق (شەھەرلىك) پارتكوم، تەشكىلات بۆلۈملىرىنىڭ مەسئۇللىرى، ئالىي مەكتەپ پارتكوملىرىنىڭ شۇجىلىرى، مەكتەپ مۇدىرلىرى، پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىگە مەسئۇل مۇئاۋىن شۇجىلىرى، تەشكىلات بۆلۈم باشلىقلىرى، تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقلىرى، شۇنىڭدەك ئۈرۈمچى رايونىدىكى ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىنىڭ پارتكوم شۇجىلىرى، ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى، مائارىپ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، بىڭتۈەن ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ مەسئۇللىرىدىن بولۇپ 170 نەچچە ۋەكىل يىغىنغا قاتناشتى.

ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قېيۇم باھاۋۇدۇن «ئالىي مەكتەپلەرنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يۇقىرى ساپالىق قۇرغۇچىلار ۋە ئىز باسارلارنى تېرىشىپ يېتىشتۈرەيلى» دېگەن تېمىدا سۆز قىلدى. ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ش ئۇ ئا ر ئالىي مەكتەپلەر خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، مائارىپ كومىتېتىنىڭ پارتگورۇپپا شۇجىسى جاڭ گۇيتىڭ «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش، تەربىيىسىنىڭ تەلىپى بويىچە، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايونىنىڭ ئالىي مائارىپ ئىشلىرىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرەيلى» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى.

ۋاڭ جيەندې

## ئوقۇتۇش خىزمىتى يىغىنى

ش ئۇ ئا ر مائارىپ كومىتېتى 1999 - يىل 7 - ئايدا تۇنجى نۆۋەتلىك ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەر ئوقۇتۇش خىزمىتى يىغىنىنى چاقىردى. يىغىندا ئوقۇتۇش خىزمىتىنىڭ ئالىي مەكتەپ خىزمىتىدىكى يادرولۇق ئورنى تىكلەندى، ئادەتتىكى

ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئوقۇتۇش خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي نىشانى ۋە يېتەكچى ئىدىيىسى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش، مائارىپ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، يېڭىلىق يارىتالايدىغان ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش توغرىسىدا سىستېمىلىق پىكىر ۋە تەدبىرلەر تۈزۈپ چىقىلدى.

يىغىندا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تەقدىرلىدى ۋە مۇكاپاتلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 3 تۈر 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 12 تۈر 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 27 تۈر 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ئالىي مائارىپ باشقارمىسى

## پەنلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانى تۈزۈلدى

1999 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر مائارىپ كومىتېتى گوۋۇيۈەن ئىلمىي ئۇنۋان ئىشخانىسىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن، ئاپتونوم رايونىنىڭ 2000 ~ 2006 ـ يىلغىچە بولغان پەنلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئومۇمىي پىلان ۋە يىللارغا بۆلۈپ قۇرۇش نىشانى، سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. پىلاندا مۇنۇلار بېكىتىلدى: 2000 ـ يىلدىن 2006 ـ يىلغىچە، ئاپتونوم رايوندا 4 دوكتور تەربىيىلەش ئورنى، 4 ماگىستىر تەربىيىلەش ئورنى، 51 دوكتور تەربىيىلەش نۇقتىسى، 156 ماگىستىر تەربىيىلەش نۇقتىسى كۆپەيتىلىدۇ.

1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە خىزمەتتىكى خادىملارنىڭ ئوخشاش ئوقۇش تارىخى بويىچە ماگىستىرلىق ئۇنۋانى ئېلىش ئۈچۈن مەملىكەت بويىچە چەت ئەل تىلى سەۋىيە ئىمتىھانى ۋە پەنلەر بويىچە ئومۇمىي سەۋىيىسىنى سىناش ئىمتىھانى ئېلىندى. چەت ئەل تىلى ئىمتىھانىغا 790 ئادەم قاتنىشىپ، 324 كىشى ئىمتىھاندىن ئۆتتى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %41 بولدى. پەنلەر بويىچە ئومۇمىي سەۋىيىسىنى سىناش ئىمتىھانىغا قاتناشقانلار 286 بولۇپ، ئىمتىھاندىن 37 ئادەم ئۆتتى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %12.94 بولدى. چوڭلار ئالىي مائارىپى بويىچە تولۇق كۇرس باكلاۋۇرلىق ئۇنۋانى ئېلىش ئۈچۈن چەت ئەل تىلى سەۋىيىسىنى سىناش ئىمتىھانىغا قاتناشقانلار 411 بولۇپ، 181 كىشى ئىمتىھاندىن ئۆتتى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %44.04 بولدى.

ئالىي مائارىپ باشقارمىسى

## ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش

1999 ـ يىلى مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ ش ئۇ ئا ر ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش مەركىزىنى باھالىشىنى كۆزىتىۋېلىش يۈزىسىدىن، ش ئۇ ئا ر مائارىپ كومىتېتى يىل بېشىدا باھالاش ئارقىلىق قۇرۇلۇشنى، ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش پرىنسىپىغا ئاساسەن، تەربىيىلەش مەركىزىنى ئۆزىنى ئۆزى تەكشۈرۈپ باھالاشقا ئۇيۇشتۇرۇپ، مەسىلە ۋە يېتەرسىزلىكلەرنى تېپىپ چىقىپ، تۈزەش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقتى. 5 ـ ئاينىڭ بېشىدا مائارىپ مىنىستىرلىكى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ش ئۇ ئا ر ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش مەركىزىنىڭ خىزمەت شارائىتى، كادىرلارنىڭ سەپلىنىشى، مەسئۇل تارماقلارنىڭ ئېتىبار بېرىش دەرىجىسى، مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش ئەھۋالى، ئىچكى جەھەتتىكى باشقۇرۇش، ئوقۇتۇش ئەھۋالى، خىراجەت سېلىنمىسى، تەربىيىلەش خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمى قاتارلىق جەھەتلەردىن ئومۇمىيۈزلۈك باھالىدى، باھالاش دەرىجىسى لاياقەتلىك بولدى.

1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايون ئالىي مەكتەپلەردىكى ياش ئوقۇتقۇچىلارنى تاللاپ چەت ئەل تىلى جەھەتتىن تەربىيىلەش خىزمىتىنى كۈچەيتتى. بىر يىلدا ئىنگلىز تىلى ئوقۇتقۇچىسىدىن 79 ى تەربىيىلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايوندا تەربىيىلەنگىنى 67، سىرتتا تەربىيىلەنگىنى 12؛ ياپون تىلى، ئىتالىيان تىلى، نېمىس تىلى، فرانسۇس تىلى ئوقۇتقۇچىسىدىن 49 ى تەربىيىلەندى. ئالىي مەكتەپلەردىن ياپونىيىگە بېرىپ ئوقۇشقا 26 ئادەم ئەۋەتىلدى؛ 2000 ـ يىلى يەرلىكتىن ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن چەت ئەلدە ئوقۇشقا 24 ئادەم ئەۋەتىلدى. ئالىي مەكتەپلەردىكى ياش ئوقۇتقۇچىلارنى خىزمەت ئورنىغا چىقىشتىن ئىلگىرى تەربىيىلەش كۇرسىدىن 4 قارار ئېچىلىپ، 260 نەچچە ئادەم تەربىيىلەندى.

ئالىي مائارىپ باشقارمىسى

## ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئارقا سەپ مۇلازىمىتىنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش خىزمىتى يىغىنى

بۇ يىغىن 1999 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئېچىلدى. يىغىندا 11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى شاڭخەيدە ئېچىلغان مەملىكەتلىك ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئارقا سەپ مۇلازىمىتىنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش ـ ئىسلاھ قىلىش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئاپتونوم رايونىنىڭ ئالىي مەكتەپ ئارقا سەپ مۇلازىمىتىنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش ـ ئىسلاھ قىلىش پرىنسىپى، نىشانى، قەدەم باسقۇچى ۋە ئۇسۇلى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ خۇەيىۋ يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى، ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: (1) ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئارقا سەپ مۇلازىمەت ئىسلاھاتىنى ئالىي مەكتەپلەر تېزدىن باشلىشى،

ئىككىلەنمەسلىكى، قاراپ باقماسلىقى، ساقلاپ تۇرماسلىقى كېرەك. نۆۋەتتىكى ئىسلاھاتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئوقۇغۇچىلار ياتىقى مەسىلىسىدىن ئىبارەت. (2) كۆپرەك ئامال ـ تەدبىر تېپىش كېرەك. مەكتەپلەر بانكا، كادىرلار تارماقلىرى، كارخانىلار بىلەن تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، تارماقلارنىڭ پائال ماسلىشىشىنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم. (3) مەكتەپ پارتكومىنىڭ شۇجىلىرى ۋە مەكتەپ مۇدىرلىرى بۇ خىزمەتنى ئۆزلىرى تۇتىشى كېرەك. ئىسلاھات لايىھىسىنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىپ، «تۇتكە پايدىلىق بولۇش»قا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. 3 يىل ئىچىدە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئارقا سەپ مۇلازىمىتىنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ئارقا سەپ مۇلازىمىتىنى ئالىي مەكتەپلەردىن ئايرىپ چىقىش كېرەك. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئاقار سەپ مۇلازىمەت ئىسلاھاتىنى ھۆكۈمەت يېتەكچى ئورۇندا تۇرۇش، ماارىپ كومىتېتى تەشكىللەش، مەكتەپلەر يولغا قويۇش، جەمئىيەت قاتنىشىش پرىنسىپى بويىچە ئېلىپ بېرىش كېرەك.

ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ش ئۇ ئا ر ماارىپ كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى جاڭ گۇيتىڭ گوۋۋيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى لى لەنچىڭ شاڭخەيدە ئېچىلغان مەملىكەتلىك ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئارقا سەپ مۇلازىمىتىنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش، ئىسلاھ قىلىش خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى تولۇق يەتكۈزدى.

ۋاڭ جيەندې

## «211» قۇرۇلۇشى

1999 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ «211» قۇرۇلۇشىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. نۇقتىلىق پەنلەر قۇرۇلۇشىدا ئاپتونوم رايوننىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى، ئىقتىساد ـ مەدەنىيەت تەرەققىياتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان كۆپ تۈردىكى ئەسقاتىدىغان تەتقىقات تېمىلىرى ئورۇندالدى. مەسىلەن: ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ـ ئەدەبىيات پېنى بويىچە «شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھازىرقى زامان ۋە يېڭى دەۋردىكى مۇھىم ئەدەبىي ئەسەرلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقات»، «ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە قوش تىللىق ئوقۇتۇش تەتقىقاتى»، «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى»، «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە كلاسسىك ئەسەرلەر مۇقەددىمىسى» قاتارلىق تەتقىقات تېمىلىرى تاماملىنىپ، مۇشۇ ساھەلەردە بىر قەدەر زور تەسىر پەيدا قىلدى؛ جۇڭگو شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئىقتىساد ـ مەدەنىيەت تەتقىقات پېنىنىڭ ئىقتىساد سىستېمىسىنىڭ نەق ۋاقىتتا ئانالىز قىلىش، ئالدىن سىگنال بېرىش، ھەرىكەت ھالىتىدە تەقلىدىي تەجرىبە ئىشلەش تەجرىبىخانىسى دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولدى. ئۇ ئۇچۇر توپلاش، ساقلاش، رەتلەش، تەھرىرلەش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، مەكتەپتىكى ئورۇنلارغا ئېچىۋېتىلدى ھەم مۇلازىمەت بىلەن تەمىن ئەتتى. پەن تەتقىقات گۇرۇپپىسى شىمالىي شىنجاڭ سۇ بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىر تۇتاش پىلانلاپ قېلىپلاشتۇرۇش، ياخشى جايلاشتۇرۇش، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇققا ئالدىن ئېتىبار بېرىش، كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولۇش تەپەككۇرى ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يامالىق تېغى رايونىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەشنىڭ مەشغۇلاتچانلىقىغا ئىگە لايىھىسى ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى تەرىپىدىن قوللىنىلدى. «رايون بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئىگىلىكىنى ئۇدا تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستراتېگىيىسى تەتقىقاتى» دۆلەت تەرەققىيات پىلان كومىتېتىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. شىنجاڭنىڭ بايلىقى، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى ۋە بىئولوگىيە تېخنىكىسى پېنى ساھەسى قۇرۇلدى. 3S تەجرىبىخانىسى ۋە مولېكۇلا بىئولوگىيە تەجرىبىخانىسى پەن تەتقىقات جەھەتتە بىر قاتار مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى: جۇڭگو بىلەن ياپونىيە بىرلىكتە ئىشلىگەن يىراقتىن سېزىش تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ يولغا قويۇلغان «تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى بوستانلىق — قۇملۇق گىرەلەشكەن جايلارنىڭ مۇھىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ئۈستىدىكى تەتقىقات» تۈرىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالى ياخشى بولدى؛ شىنجاڭنىڭ يەر بايلىقىدىن پايدىلىنىش ۋە يەرلەرنىڭ دەرىجىسىنى بېكىتىپ باھالاش تۈرى بويىچە 10 نەچچە ناھىيە ـ شەھەرنىڭ ئىشى تاماملاندى، بىڭتۇەننىڭ تۈەن ـ مەيدانلىرىنىڭ يەرلىرىدىن پايدىلىنىش پىلانى تۈزۈپ چىقىلدى، 30 نەچچە ناھىيە ـ شەھەرنىڭ يەرلىرىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن باھالاش تاماملاندى؛ «ھۆجەيرە كۆپەيتكۈچىنىڭ قوي تۆرەلمىسىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى ئىممۇنىتېت كۆچىنى كونترول قىلىش تەتقىقاتى» مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى؛ توپلاشقان رايون ئۇچۇرلىرىنى ئايرىپ چىقىش، كۆرسىتىش، سانلىق مەلۇمات ۋە سۈرەت بىرگەۋدە قىلىنغان باشقۇرۇش سىستېمىسى بەرپا قىلىندى؛ دۆلەت فوند جەھەتتىن نۇقتىلىق ياردەم بەرگەن «ئالاتاۋ رايونىنىڭ زىيانغا ئۇچرىغان ئېكولوگىيە سىستېمىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە قايتا قۇرۇش تەتقىقاتى» تۈرىدە زىيانغا ئۇچرىغان ئېكولوگىيە سىستېمىسىنى قايتا قۇرۇش ئۈستىدە يېڭى يول تېپىلدى؛ كېۋەز گېنىنى قۇرت چۇشۇشكە تاقابىل تۇرالايدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىش، قوغۇن گېنىنى ئال چۇشۇشكە تاقابىل تۇرالايدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى تەتقىقاتى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىپ، زەخىملەنگەن قىسمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توقۇلمىسى ۋە نەيچىدە مايسا يېتىلدۈرۈش مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى، Gus گېنىغا ئىگە

ئاپاقچە پىيوتېبىن بېتىشتۈرۈلدى. شىنجاڭ رايونىدىكى ئۇچۇر تېخنىكىسى ۋە ئالاقىلىشىش ساھەسىدە سۈرەت ۋە ئۇچۇر بىر تەرەپ قىلىش تەجرىبىخانىسى قۇرۇلۇپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ 9 - بەش يىللىق پىلانى ۋە دۆلەت تەبىئىي پەن فوندى تۈرلىرىدىن كۆپ تۈرگە رىياسەتچىلىك قىلىندى، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ بېكىتىشىدىن ئۆتكەن مۇۋەپپەقىيەتلەر ۋە پەن - تېخنىكا تەرەققىيات مۇكاپاتىدىن 20 نەچچە تۈر قولغا كەلتۈرۈلدى. تەتقىق قىلىپ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن «ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە ئاۋاز - سۈرەت - يېزىق بىر گەۋدە قىلىنغان ئۇچۇر بىر تەرەپ قىلىش مۇھىتى ۋە قوللىنىش سىستېمىسى» تۈرى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئۈستىگە ئالغان دۆلەتنىڭ «863» پىلانىدىكى فۇنكسىيىلىك كومپيۇتېرنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى تۈرى جۇڭگو كۆپ ۋاستىلىك كومپيۇتېرنىڭ ئۇيغۇرچە ئۇچۇرلارنى بىر تەرەپ قىلىش تېخنىكىسى ۋە كۆپ خىل يېزىقتىكى «Windows95» بىر تەرەپ قىلىش ئۈستىلى جەھەتتىكى تېخنىكا بوشلۇقىنى تولدۇردى. قوللىنىش خىمىيىسى ۋە ماتېرىيال فىزىكىسى پەن ساھەسى بويىچە خىمىيە سانائىتى قائىدىسى تەجرىبىخانىسى ۋە ئۇلترا كرىتىك ئېكستراكسىيە تەجرىبىخانىسى قۇرۇلۇپ، دۆلەت دەرىجىلىك كۆپ تۈردىكى ئۇقتىلىق تەتقىقات تېمىلىرىنى ئۈستىگە ئالدى. 9 تۈر بويىچە پاتېنت ھوقۇقى ئىلتىماس قىلىندى. قوللىنىش ماتېماتىكىسى ۋە سىستېما قۇرۇلۇشى پەن ساھەسى بويىچە ھەرخىل پەن تەتقىقات تۈرىدىن 33 تۈرگە رىياسەتچىلىك قىلىندى، نەچچە 10 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىندى. ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - ئەدەبىيات پەنلىرى ساھەسىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇۋەپپەقىيەت — «غەربىي يۇرتنىڭ تەرجىمە تارىخى» 1999 - يىل 10 - ئايدا جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر فوندى تۈرى بويىچە مۇنەۋۋەر مۇۋەپپەقىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، بۇ مۇكاپات تۈرى دۆلەت تەرىپىدىن تۇنجى قېتىم تەسىس قىلىنغان بولۇپ، غەربىي شىمالدىكى 5 ئۆلكە - ئاپتونوم رايون بويىچە قولغا كەلتۈرۈلگەن بىردىن بىر شەرەپلىك مۇۋەپپەقىيەت ھېسابلىنىدۇ. 1999 - يىلى دۆلەت تەبىئىي پەن فوندى بويىچە 10 تۈرگە ئىلتىماس قىلىنىپ، ياردەم بېرىلگەن مەبلەغ جەھەتتە تۇنجى قېتىم 1 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتتى. 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئاسپىرانتلىق ئوقۇش تارىخىغا ئىگە ئوقۇتقۇچى ئومۇمىي ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۈچتىن بىرىدىن ئېشىپ كەتتى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا قۇرۇلغان كومپيۇتېر تورى ماارىپ - پەن تەتقىقات تورىنىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى رىياسەتچىلىك قىلىش ئۇقتىسى بولۇپ، ھازىر CERENT ۋە INTERNET تورلىرى بىلەن تۇتاشتۇرۇلۇپ، مەكتەپ بويىچە باشقۇرۇش ئۇچۇر سىستېمىسى بەرپا قىلىندى، مەكتەپ كۇتۇپخانىسىدا لازېر نۇر دىسكىسى ئارقىلىق ئۇچۇر ئىزدەش سىستېمىسى تۈزى پۈتتۈرۈلۈپ، مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار كومپيۇتېر ئارقىلىق كىتاب كۆرۈش ۋە ئۇچۇر ئىزدەش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىن ئېتىلدى. 3 يۈرۈش تىل تەجرىبىخانىسى قۇرۇلۇپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى؛ كىنو - تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنى قويۇش زالى ۋە كۆپ خىل فۇنكسىيىلىك 2 سىنىپ ئىشلىتىلدى. پۈتتۈرۈلۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن ئوچۇق شەكىلدىكى ئۆزلۈكىدىن تىل ئۆگىنىش مۇھىتى — كۆرۈش - ئاڭلاش قىرائەتخانىسىنىڭ بىر يىلدا 100 مىڭ ئادەم (قېتىم) نى مۇلازىمەت بىلەن تەمىن ئېتەلەيدىغانلىقى مۆلچەرلەندى. ئوقۇغۇچىلار ياتاق بىناسى بويىچە 6020 كۋادرات مېتىرلىق، ئوقۇتۇش بىناسى بويىچە 8347.5 كۋادرات مېتىرلىق ئاساس مۇئەسسە قۇرۇلۇشى تۈرلىرى پۈتتۈرۈلدى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 1999 - يىل 5 - ئايدا ش ئۇ ئا ر «211 قۇرۇلۇشى» رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى يىغىنى ئېچىپ، قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈردى ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىنكى قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ماھىيەتلىك ياردەم ۋە سىياسەت كېپىللىكى بەردى.

شى لىياڭ

## خەلقئارا ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىق

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ماارىپ سىستېمىسى بويىچە 73 ئادەم دۆلەت خىراجىتى بىلەن چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش سالاھىيىتىگە ئېرىشتى. 25 ئادەم ئاپتونوم رايون ئاجراتقان ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن ياپونىيىگە ئوقۇشقا چىقتى، 164 ئادەم ئۆز خىراجىتى بىلەن چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىقتى. بىر يىلدا خىزمەت بىلەن ۋە خۇسۇسىي ئىش بىلەن چەت ئەلگە چىقىدىغانلاردىن 468 ئادەم (قېتىم) تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى. شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى خور ئۆمىكىدىكى 62 ئادەم ئىتالىيىگە ئويۇن قويۇش مۇسابىقىسىگە چىقىپ، 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىپ، جەمئىيەتنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. ئاپتونوم رايوننىڭ ماارىپ ساھەسىدىن تۇنجى قېتىم ئۆمەك تەشكىللىنىپ تەيۋەنگە بېرىپ ماارىپ ئالماشتۇرۇشى ئېلىپ باردى، 4 ئادەم دېڭىز بوغۇزىنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى ئۆمۈرلۈك ماارىپ مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى. ش ئۇ ئا ر ماارىپ كومىتېتى بىلەن كادىرلار نازارىتى بىرلىكتە چەت ئەلدە ئوقۇپ ۋەتەنگە قايتقان خادىملار بىلەن سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، چەت ئەلدە ئوقۇپ ۋەتەنگە قايتقان 15 مۇنەۋۋەر خادىمنى تەقدىرلىرى، بۇنىڭ ئىچىدە ماارىپ سىستېمىسىدىكى خادىم 7.

بىر يىلدا 22 مەكتەپ ۋە ئورۇن دۆلەت تارقاتقان چەت ئەللىك مەدەنىيەت - ماارىپ مۇتەخەسسىسلىرىنى تەكلىپ

قىلىش سالاھىيىتىگە ئېرىشتى، چەت ئەللىك مەدەنىيەت - مائارىپ مۇتەخەسسىسى ۋە ئوقۇتقۇچىدىن 90 ئادەم تەكلىپ قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇزۇن مۇددەتلىكى 21، قىسقا مۇددەتلىكى 69؛ 3 چەت ئەللىك مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت - مائارىپ مۇتەخەسسىسى ۋە ئوقۇتقۇچى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تارقاتقان تەڭرىتاغ مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۇلار: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تەكلىپ قىلغان ئامېرىكىلىق ئوقۇتقۇچى جىن. گەرىست خانىم شىنجاڭ تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى تەكلىپ قىلغان ياپونىيىلىك مۇتەخەسسىس شياۋ زىبوجېشىۋاڭ ئەپەندى، شىنجاڭ مالىيە ئىنىستىتۇتى تەكلىپ قىلغان سىنگاپورلۇق ئوقۇتقۇچى لى شىليەن خانىم. ئاپتونوم رايوندىكى ئالىي مەكتەپلەر قوبۇل قىلغان چەت ئەللىك ئوقۇغۇچى 119.

شىنجاڭ سودا مەكتىپى بىلەن ئەنگلىيە شىمىس سودا ئىنىستىتۇتى ھەمكارلىشىپ شىنجاڭ - شىمىس (ئەنگلىيە) خەلقئارا سودا ئىنىستىتۇتى قۇردى. ئۈرۈمچى تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن ئاۋستىرالىيىنىڭ مېلبۇرن شىمالىي شەھەر ئالىي مەكتىپى ھەمكارلىشىپ ئۈرۈمچى رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى - شىمالىي شەھەر (ئاۋستىرالىيە) ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا تەربىيىلەش مەركىزى قۇردى. ياپونىيە فۇلۇن جەمئىيىتىنىڭ ئاۋات ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپكە ئىئانە قىلغان 120 مىڭ ياپونىيە يېنى، ئامېرىكا شىنشىن فوند جەمئىيىتى قۇمۇل ۋە فۇكاڭ شەھەرلىرىدىكى 2 مەكتەپكە ئىئانە قىلغان 20 مىڭ دوللار، ياپونىيە يىپەك يولى كۆلۆبى قەشقەر ۋە خوتەنلەردىكى ئوقۇشسىز قالغان 50 بالىغا قىلغان ئىئانە پۇلى قوبۇل قىلىندى. بىر يىلدا زىيارەت ئۈچۈن كەلگەن 37 ئۆمەكتىكى 328 چەت ئەللىك (قېتىم) قوبۇل قىلىندى.

جاڭ جيەنرېن

# چوڭلار مائارىپى

## ئىشچى - خىزمەتچىلەر مائارىپى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەر مائارىپىنى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇش، مائارىپنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش سالمىقىنى كۈچەيتىش يۈزىسىدىن، ش ئۇ ئا ر مائارىپ كومىتېتى ئاپتونوم رايوننىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەر مائارىپى نىزامى، ئاپتونوم رايوننىڭ چوڭلار مائارىپىنى باشقۇرۇش كادىرلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش چارىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەر مائارىپى بويىچە تەربىيىلەش ئورگانلىرىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى؛ ئىشچى - خىزمەتچىلەر مائارىپىنى باشقۇرۇش كادىرىدىن 50ى تەشكىللىنىپ يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ كۈنمىڭ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك تەربىيىلەش كۇرسىغا قاتناشتۇرۇلدى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەدەنىيەت دەرسلىرىنى تولۇقلىشى بويىچە 1036 ئادەم (قېتىم) كۇرسقا قاتناشتۇرۇلدى. ئايرىم تارماقلارنىڭ پايدىنى كۆزلەپ مائارىپ - تەربىيىلەش مەركىزى دېگەن ۋىۋىسكىلارنى ئېسىۋېلىش ئەھۋالى تەكشۈرۈپ تۈزىتىلدى. بىر يىلدا شىنجاڭ توقۇمىچىلىق (گۇرۇھى) شىركىتى، خوتەن ئالىي پېداگوگىكا تېخنىكوم مەكتىپى، يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى، شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى، شىنجاڭ كۆچمە خەۋەرلىشىش شىركىتىدىن ئىبارەت 5 ئورۇننىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتى، ئوقۇتۇش سەۋىيىسى نەق مەيداندا تەكشۈرۈلدى ۋە باھالاندى، بۇ ئورۇنلار ئىلتىماس قىلغان تەربىيىلەش مەركەزلىرىنى قۇرۇش تەستىقلاندى.

لى شىڭيى

## ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇشى

1999 - يىل 2 - ئايدا ئاپتونوم رايون ئىجتىمائىي كۈچلەر مەكتەپ باشقۇرۇش بىرلەشمىسى تۇنجى قېتىملىق ئەزالار يىغىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ «ئىجتىمائىي كۈچلەر مەكتەپ باشقۇرۇش بىرلەشمىسىنىڭ نىزامنامىسى» ۋە كېڭەش ئەزالىرىنىڭ نامزاتلىرىنى ماقۇللىدى. ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇشىنى باشقۇرۇش خادىملىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، 199 ئادەمنى تەربىيىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچى 47.

ئىجتىمائىي كۈچلەر باشقۇرغان مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاش ئۈچۈن، 1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ئىجتىمائىي كۈچلەر باشقۇرغان مەكتەپ ئورگانلىرىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىنى باھالاش خىزمىتى رەسمىي باشلاندى. بىر يىلدا ئىجتىمائىي كۈچلەر باشقۇرغان 5 مەكتەپ ئورگىنىدىكى 24 ئوقۇتقۇچى تۆۋەن دەرىجىلىك ئۇنۋانغا ئىلتىماس قىلىپ، 22 كىشى باھالىشىپ ئۆتتى.

ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش باشقارمىسى

## ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەردىن ئىمتىھان ئېلىش خىزمىتى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەردىن ئىمتىھان ئېلىش خىزمىتى بويىچە 65 كەسىپ تەسىس قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ تىلى تولۇق كۇرس كەسپى 17، ئۇيغۇرچە، قازاقچە تولۇق كۇرس كەسپى

5؛ خەنزۇچە مەخسۇس كۇرس كەسپى 28، ئۇيغۇرچە، قازاقچە مەخسۇس كۇرس كەسپى 15. ئىمتىھان ئېلىنىدىغان پەن 709 غا، ئىمتىھان بېرىشكە تىزىملاتقان ئادەم 459 مىڭ پەن (قېتىم) غا يەتتى. ئىمتىھان ئېلىنىدىغان كەسىپ ۋە ئېچىلغان دەرس سانى جەھەتتە تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى رېكورت يارىتىلدى. 1999 - يىلىغا قەدەر ھەر قايسى دەرسلەر بويىچە 80 مىڭدىن ئارتۇق لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى تارقىتىلدى، تولۇق كۇرس ۋە مەخسۇس كۇرسنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىدىن 10 مىڭ 126 سى تەربىيىلەندى.

ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەردىن ئىمتىھان ئېلىش ئىشخانىسى

# مىللىي مائارىپ

## ئومۇمىي بايان

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 54 مىڭ 58 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي ئوقۇغۇچى 23 مىڭ 224؛ مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 7516، بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي ئوقۇتقۇچى 3016. ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 93 مىڭ 724، بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي ئوقۇغۇچى 49 مىڭ 700؛ مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 7229، بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي ئوقۇتقۇچى 3864. ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار 1 مىليون 62 مىڭ 380، بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي ئوقۇغۇچى 691 مىڭ 625؛ مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 72 مىڭ 195، بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي ئوقۇتقۇچى 41 مىڭ 295. كەسپىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 49 مىڭ 871، بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي ئوقۇغۇچى 28 مىڭ 551؛ مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 3598، بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي ئوقۇتقۇچى 1363. باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 2 مىليون 507 مىڭ 406، بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي ئوقۇغۇچى 1 مىليون 743 مىڭ 47؛ مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 126 مىڭ 401، بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي ئوقۇتقۇچى 81 مىڭ 919.

ۋاڭ جيەندې

ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك چوڭلار مەكتەپلىرىنىڭ 1999 - يىلىدىكى ئاساسىي ئەھۋالى

بىرلىكى: نەپەر

| مەكتەپ تۈرى | مەكتەپ سانى | ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى سانى | قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى سانى | مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى | مەخسۇس ئوقۇتقۇچى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1. چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرى | 27 | 18387 | 33816 | 67633 | 3142 |
| رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى | 2 | 6323 | 7680 | 18074 | 1128 |
| ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئالىي مەكتىپى | 12 | 2224 | 3574 | 8021 | 662 |
| ئىگىلىك باشقۇرۇش كادىرلىرى ئىنستىتۇتى | 2 | 909 | 2199 | 3805 | 223 |
| مائارىپ ئىنستىتۇتى | 11 | 2746 | 5512 | 9505 | 1129 |
| ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەر باشقۇرغىنى | | 6185 | 14851 | 28228 | |
| ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇتۇش | | 2148 | 8645 | 15490 | |
| ئىشتىن سىرتقى ئۇنىۋېرسىتېت | | 1505 | 3177 | 5610 | |
| چوڭلارنىڭ ئىشتىن توختاپ ئوقۇش كۇرسلىرى | | 2532 | 3029 | 7128 | |
| بۇنىڭ ئىچىدە تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئادەتتىكى مەخسۇس كۇرس | | 2563 | 3557 | 9045 | |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 2. چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرى | 2620 | 1315911 | 999502 | 1174824 | 4214 |
| چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكوم مائارىپى | | 22158 | 10414 | 33231 | |
| 1) چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكوم كەسپىي مەكتەپلىرى | 81 | 20765 | 9090 | 29673 | 2580 |
| رادىئو - تېلېۋىزىيە ئوتتۇرا تېخنىكوم كەسپىي مەكتەپلىرى | 2 | 12592 | 5314 | 16820 | 693 |
| ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئوتتۇرا تېخنىكوم كەسپىي مەكتەپلىرى | 30 | 4441 | 1882 | 6553 | 648 |
| ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتەپلىرى | 49 | 3732 | 1894 | 6300 | 1239 |
| 2) باشقا تۈردىكى مەكتەپلەر باشقۇرغىنى | | 1393 | 1324 | 3558 | |
| چوڭلار ئوتتۇرا مەكتىپى | 14 | 5143 | 5082 | 6423 | 64 |
| ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئوتتۇرا مەكتىپى | 14 | 2322 | 1859 | 2226 | 60 |
| دېھقانلار ئوتتۇرا مەكتىپى | | 2821 | 3223 | 4197 | 4 |
| 3) چوڭلار تېخنىكا تەربىيىلەش مەكتەپلىرى | 2525 | 1288610 | 984006 | 1135170 | 1570 |
| ئىشچى - خىزمەتچىلەر تېخنىكا تەربىيىلەش مەكتەپلىرى | 43 | 36054 | 26638 | 30285 | 359 |
| دېھقانلار تېخنىكا تەربىيىلەش مەكتەپلىرى | 2482 | 1252556 | 957368 | 1104885 | 1211 |
| 3. چوڭلار باشلانغۇچ مەكتەپ-لىرى | 393 | 118585 | 57334 | 133181 | 511 |
| ئىشچى - خىزمەتچىلەر باشلانغۇچ مەكتەپلىرى | 2 | 136 | 137 | 188 | 2 |
| دېھقانلار باشلانغۇچ مەكتەپلىرى | 391 | 118449 | 57197 | 132993 | 509 |
| بۇنىڭ ئىچىدە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش كۇرسلىرى | 264 | 52163 | 23080 | 54383 | 459 |
| جەمئىي | 3040 | 1452883 | 1090652 | 1375638 | 7867 |

## ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىشى بويىچە 4 - قېتىملىق ھەمكارلىق يىغىنى ئېچىلدى

مائارىپ مىنىستىرلىكى دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ۋە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بىرلىكتە ئاچقان ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىشى بويىچە 4 - قېتىملىق ھەمكارلىق يىغىنى 1999 - يىل 9 - ئاينىڭ 18 — 21 - كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى جاڭ تيەنباۋ، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى تۇداۋ دوجى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ خۈيېۋ، ش ئۇ جالڭ شۇجيالڭ، نىڭ شياۋجۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جالڭ گۈيتىڭلار يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى. گوۋۇيۈەننىڭ ئالاقىدار مىنىستىرلىك، كومىتېتلىرىدىن، مائارىپ مىنىستىرلىكىگە بىۋاستە قاراشلىق مەكتەپلەردىن، شۇنداقلا ئاپتونوم رايوندىكى ئالىي مەكتەپلەردىن كەلگەن 150 نەپەر ۋەكىل ھەمكارلىق يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىندا مائارىپ مىنىستىرلىكى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بېكىتكەن 2001 ~ 2005 - يىلغىچە بولغان ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىپ ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان تولۇق كۇرس ۋە مەخسۇس كۇرس ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەپ بېرىشتىكى 4 - بەش يىللىق پىلانى ئېلان قىلىندى. گوۋۇيۈەننىڭ ئالاقىدار



ئاپتونوم رايون تەربىيەدىن دۆلەتنىڭ نامرات رايونلار مەجبۇرىيەت مائارىپى قۇرۇلۇشى بويىچە ئالغان ياردەم بولۇپ ياھالانغان ئۈچتۇرپان ناھىيەسىدە بارلىق ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئازادە، يورۇق سىنىپتا دەرس ئاڭلاش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى.

لىي شىگرۇڭ فوتوسى

سىنىپلىك كومىتېتلىرى (ئىدارە، شىركەتلەر) ۋە خېنەن ئۆلكىسى قاتارلىق جايلارغا قاراشلىق مۇناسىۋەتلىك ئالىي مەكتەپلەر ھەر يىلى ئاپتونوم رايوندىن تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، 5 يىلدا 5000 دىن ئارتۇق ئاز سانلىق مىللەت تولۇق كۇرس ۋە مەخسۇس كۇرس ئوقۇغۇچىسىنى تەربىيەلەپ بېرىدىغان بولدى.

ۋاڭ جيەندى

## ئاپتونوم رايونلۇق قوش تىللىق ئوقۇتۇش مۇھاكىمە يىغىنى

ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەت ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدە قوش تىلدا دەرس ئۆتۈشنى تەجرىبە قىلىپ ئوقۇتۇش خىزمىتى مۇھاكىمە يىغىنى 1999 - يىل 2 - ئاينىڭ 1 — 3 - كۈنلىرى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئېچىلدى. 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى قوش تىلدا دەرس ئۆتۈلىدىغان تەجرىبە سىنىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى، مەكتەپ مۇدىرلىرى بولۇپ 120 دىن ئارتۇق كىشى قوش تىلدا دەرس ئۆتۈلىدىغان تەجرىبە سىنىپلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى، ھازىرقى ھالىتى ۋە ئوقۇتۇش تەجرىبىلىرىنى ئورتاق يەكۈنلىدى، مۇھاكىمە قىلدى ھەم كۆزدىن كەچۈردى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى 14 ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە شەھەردىكى 27 مەكتەپتىكى 2629 ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئارىسىدا قوش تىللىق ئوقۇتۇش تەجرىبە قىلىندى، ئوقۇغۇچى 6 يىلنىڭ ئالدىدىكىدىن 25 ھەسسە كۆپەيدى. ئوقۇش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، تەجرىبە سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تولۇقسىزدىن تولۇققا چىقىش ئىمتىھانىدا، ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە دەرسلىرىدىن خەنزۇچە چىقىرىلغان سوئاللارغا جاۋاب بەردى، ئوتتۇرىچە نەتىجىسى خەنزۇ مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوتتۇراھال سەۋىيىسىگە ياكى ئوتتۇراھال سەۋىيىدىن يۇقىرى سەۋىيىگە توغرا كەلدى؛ خەنزۇچە سەۋىيە سىناش ئىمتىھانى (HSK) دا ئاساسەن 6 - دەرىجىدىن يۇقىرى بولدى، %80 ئوقۇغۇچى 8 - دەرىجىگە يەتتى. 1998 - يىلى تەجرىبە سىنىپتىن تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ ئۆرلەپ ئوقۇش نىسبىتى %77.1 بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى، تۇرپان، تارباغاتاي، قارامايدىن ئىبارەت 4 ۋىلايەت - شەھەردە %100كە يەتتى. يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر ئۈرۈمچى شەھەرلىك 6 -، 14 -، شىنجاڭ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپلىرىنىڭ تەجرىبە سىنىپلىرىغا بېرىپ ئوچۇق دەرس ئاڭلىدى.

يىغىندا مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى، شىنجاڭنى ۋە مىللەتنى تەرەققىي قىلدۇرىمىز دەيدىكەنمىز، تېگى - تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا بىر تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان ئىختىساس ئىگىلىرىنى، خۇسۇسەن يۇقىرى پەن - تېخنىكا ئىختىساسلىق خادىملىرى ۋە زامانىۋى باشقۇرۇش بىلىملىرىگە ئىگە باشقۇرۇش ئىختىساسلىق خادىملىرىنى تەربىيەلەپ چىقىش كېرەك. بۇ خىل ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۆز تىلىغىمۇ، خەنزۇ تىلىغىمۇ پىششىق بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر دۇنياغا يۈزلىنىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن مەملىكەت ئىچىگە يۈزلىنىشى كېرەك. مەملىكەت ئىچىگە يۈزلىنىش ئۈچۈن، چوقۇم خەنزۇچىنى ياخشى ئۆگىنىشى كېرەك. ئۆز تىلىغىمۇ، خەنزۇ تىلىغىمۇ پىششىق بولۇش ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىكى بىردىنبىر ئۆتۈشكە تېگىشلىك يول، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك ۋە ماددىي مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى يېڭى بىر يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈشتە بىردىنبىر ئۆتۈشكە تېگىشلىك يول، جۈملىدىن مىللىي مائارىپنى

تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈشنىڭ بىسەپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك يولى.

ۋاڭ جيەندې

## كىچىك ماتېرىيال

### دۆلەتنىڭ نامرات رايونلاردىكى مەجبۇرىيەت مائارىپى قۇرۇلۇشى

«جۇڭگونىڭ مائارىپ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىيات پروگراممىسى»دا ئوتتۇرىغا قويۇلغان 20 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا مەملىكەت بويىچە 9 يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشۇرۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، دۆلەت مائارىپ كومىتېتى بىلەن مالىيە مىنىستىرلىكى 1995 - يىلدىن 2000 - يىلغىچە ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى «ئىككى بۆلەك» 12 ئۆلكە ۋە غەربىي قىسمىدىكى «ئۈچ بۆلەك» 9 ئۆلكە، ئاپتونوم رايوندا «دۆلەتنىڭ نامرات رايونلاردىكى مەجبۇرىيەت مائارىپى قۇرۇلۇشى»نى يولغا قويۇشنى قارار قىلدى (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «قۇرۇلۇش» دېيىلىدۇ).

«قۇرۇلۇش»قا 10 مىليارد يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنىدۇ، بۇ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان مەركەز مائارىپ مەخسۇس مەبلىغىنى ئەڭ كۆپ سالغان قۇرۇلۇش ھېسابلىنىدۇ، بۇ قۇرۇلۇش يەنە «مىليارد يۈەنلىك قۇرۇلۇش» دەپمۇ ئاتالدى. بۇ زور مەبلەغ ئوتتۇرا، غەربىي قىسىمدىكى نامرات رايونلارغا جايلاشقان 592 نامرات ناھىيىگە سېلىنىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە مەركەز مالىيىسى مەخسۇس تۈر بويىچە سالىدىغان مەبلەغ 3 مىليارد 900 مىليون يۈەن (1 مىليارد 500 مىليون يۈەنى «ئىككى بۆلەك» رايونغا، 2 مىليارد 400 مىليون يۈەنى «ئۈچ بۆلەك» رايونغا سېلىنىدۇ)؛ ھەر دەرىجىلىك يەرلىك ھۆكۈمەت مالىيىسىنىڭ يۈرۈشتۈرۈش نىسبىتى 2:1 بولىدۇ، 9 يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىراجىتى 7 مىليارد 800 مىليون يۈەن كۆپەيتىلىدۇ؛ جەمئىيەتتىن باشقا يوللار ئارقىلىق نەچچە 10 مىڭ يۈەن توپلىنىدۇ.

«ئۈچ بۆلەك» رايوندىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ئىچكى موڭغۇل، گۇاڭشى، گۇيجۇ، يۈننەن، شىزاڭ، گەنسۇ، چىڭخەي، نىڭشيا، شىنجاڭ ۋە بىڭتۈەندىن ئىبارەت. «قۇرۇلۇش» 1998 - يىلى باشلىنىپ، 2000 - يىلى تاماملىنىدۇ.

شىنجاڭ «قۇرۇلۇش»نى يولغا قويۇشقا 656 مىليون 55 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە مەركەز مالىيىسى سالىدىغان مەبلەغ 256 مىليون يۈەن بولۇپ، سېلىنىدىغان مەبلەغنىڭ %39نى؛ ئاپتونوم رايون يۈرۈشتۈرۈپ سالىدىغان مەبلەغ 207 مىليون 400 مىڭ يۈەن بولۇپ، %31.6 نى؛ ۋىلايەت، ناھىيىلەر سالىدىغان مەبلەغ 183 مىليون 100 مىڭ يۈەن بولۇپ، %27.9نى ئىگىلەيدۇ، باشقا خەيرىي مالىيە يوللىرى ئارقىلىق توپلىنىدىغان مەبلەغ 9 مىليون 555 مىڭ يۈەن. «قۇرۇلۇش»نىڭ يۈزلىنىشىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايون 30 نامرات ناھىيىنى (دۆلەت دەرىجىلىك نامرات ناھىيە 25، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نامرات ناھىيە 5) تۈر پىلانىغا كىرگۈزدى، تۈر پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن ناھىيىلەرنىڭ نوپۇسى 4 مىليون 400 مىڭ بولۇپ، ئاپتونوم رايون نوپۇسىنىڭ %26.1نى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 3 مىليون 937 مىڭ بولۇپ، تۈر پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن ناھىيىلەر نوپۇسىنىڭ %89نى ئىگىلەيدۇ.

تۈر پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن 30 ناھىيىدە 2457 باشلانغۇچ مەكتەپ، 667 مىڭ ئوقۇغۇچى بار، مەكتەپ ئۆيى كۆلىمى 1 مىليون 120 مىڭ كۋادرات مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە خەتەرلىك ئۆي كۆلىمى 201 مىڭ كۋادرات مېتىر؛ 368 تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ، 162 مىڭ ئوقۇغۇچى بار، مەكتەپ ئۆيى كۆلىمى 526 مىڭ كۋادرات مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە خەتەرلىك ئۆي كۆلىمى 60 مىڭ كۋادرات مېتىر. ئاپتونوم رايون «قۇرۇلۇش»نى باشقۇرۇش جەھەتتە دەرىجىگە ئايرىپ باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت (ئوبلاست)، تۈر پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن ناھىيىدىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك «قۇرۇلۇش» باشقۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇردى، گۇرۇپپىغا خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسلىق رەھبىرى باشچىلىق قىلدى، گۇرۇپپا مائارىپ، مالىيە، پىلان، شەھەر قۇرۇلۇشى، يەر باشقۇرۇش، ئىقتىسادىي تەپتىشلىك تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرىدىن تەركىب تاپتى.

ئاپتونوم رايون «قۇرۇلۇش» نى تاماملىغاندىن كېيىن تۈر پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن ناھىيىلەر تۆۋەندىكىدەك سەۋىيىگە يېتىدۇ: باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى %98تىن، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى %80تىن يۇقىرى بولىدۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇشسىز قېلىش نىسبىتى %1.5 تىن تۆۋەنگە چۈشۈرۈلىدۇ؛ پارتا، ئورۇندۇقنىڭ سەپلىنىشى %100كە يېتىدۇ، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %95، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %85تىن كۆپرەككە يېتىدۇ. توپا - تاش قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلغان مەكتەپ 1125، بۇنىڭ ئىچىدە، باشلانغۇچ مەكتەپ 958، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 167؛ سېتىۋېلىنىدىغان ئوقۇتۇش

# مەدەنىيەت

## ئەدەبىيات - سەنئەت

### ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

ئاپتونوم رايوندىكى خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئۈچ يۈرۈش توپلىمى — «جۇڭگو خەلق چۆچەكلىرى توپلىمى»، «جۇڭگو قوشاقلىرى توپلىمى»، «جۇڭگو ماقال - تەمسىللىرى توپلىمى»نىڭ ئاپتونوم رايوندىكى ھەر قايسى مىللەتلەر تومىلىرىنى تەھرىرلەش، تەكشۈرۈش خىزمىتى 10 يىل داۋاملىشىپ 1999 - يىل 1 - ئايدا تاماملاندى. شىنجاڭ مۇزىكانتلار جەمئىيىتى، مەدەنىيەت نازارىتى، ش ئۇ ئا ر مائارىپ كومىتېتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى بىرلىكتە 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 8 - كۈنىگىچە 99' شىنجاڭ ئاكاردىيون چېلىش تېلېۋىزىيە مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. 2 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن شىنجاڭ مۇزىكانتلار جەمئىيىتى بىرلىكتە «باھار ساداسى» 99' شىنجاڭ كۈچلۈك سادا خور - مۇزىكا كېچىلىكى ئۆتكۈزدى. شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئايال يازغۇچىلار سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 3 - قېتىملىق ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى 4 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە ئېچىلدى. 4 - ئاينىڭ 7 - كۈنى شىنجاڭ مۇزىكانتلار جەمئىيىتى كانايلىق چالغۇلار ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇلدى. 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ مۇزىكا رادىئو ئىستانسىسى، شىنجاڭ مۇزىكانتلار جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئىسكىرىپكىچىلار ئىلمىي جەمئىيىتى، ش ئۇ ئا ر خەبەر - ساخاۋەت باش ئۆيۈشمىسى ۋە شىنجاڭ «تيەنلۇ» ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان «1 - ماي» خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمىنى ۋە شىنجاڭ مۇزىكا رادىئو ئىستانسىسى ئاڭلىتىش باشلىغانلىقىنىڭ 5 يىللىقىنى تەبرىكلەشكە بېغىشلانغان «ئاللاھەدىن سۆيگۈ ساداسى» ناملىق چوڭ تىپتىكى مۇزىكا كېچىلىكى شىنجاڭ «خەلق» سارىيىدا ئۆتكۈزۈلدى. 5 - ئاينىڭ 2 - كۈنى «بويا» ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتى كۆڭۈل قويۇپ تەييارلىغان، مەدەنىيەت نازارىتى، شىنجاڭ مۇزىكانتلار جەمئىيىتى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىرلىكتە باشقۇرغان «شەنبىلىك تېز پويىز» خۇڭفۇ يەكشەنبىلىك مۇزىكا كېچىلىكى رەسمىي باشلاندى. مەدەنىيەت نازارىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك مەدەنىيەت

---

سايىمنى ۋە ئۈسكۈنىسى 1105 يۈرۈش، كىتاب 3 مىليون 328 مىڭ نۇسخا، پارتا - ئورۇندۇق 220 مىڭ كىشىلىك؛ تەربىيىلىنىدىغان باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مۇدىرى ۋە ئوقۇتقۇچىسى 35 مىڭ ئادەم (قېتىم).

1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭدا يولغا قويۇلىدىغان «قۇرۇلۇش»قا مەركەز بەرگەن 90 مىليون يۈەن، ئاپتونوم رايون مالىيىسى يۈرۈشتۈرىدىغان 72 مىليون يۈەن 100% ئەمەلىيلىشىپ، تۈر پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن 30 ناھىيىگە بۆلۈپ بېرىلدى؛ ۋىلايەت، ناھىيە مالىيىسى يۈرۈشتۈرۈشنى پىلانلىغان مەبلەغ 51 مىليون 770 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت دەرىجىلىك مالىيىدىن ئەمەلىيلەشكىنى 1 مىليون 389 مىڭ يۈەن، ناھىيە، يېزا مالىيىسى يۈرۈشتۈرۈدىغىنىدىن ئەمەلىيلەشكىنى 32 مىليون 164 مىڭ يۈەن. تۈر پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن 30 ناھىيە سېلىشنى پىلانلىغان مەكتەپ 354 ئىدى، ئەمەلىيەتتە 368 نىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى، بۇ پىلانىنىڭ 103.9% نى ئىگىلەيدۇ؛ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئۆيلىرىنى ئۆزگەرتىش ۋە كېڭەيتىش بويىچە 274 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق قۇرۇلۇشتا ئىش باشلاندى، يەنى پىلان 109% ئورۇندالدى، ئاز كەم 90% مەكتەپ ئۆيى پۈتكۈزۈلۈپ ئىشلىتىلىشكە باشلىدى؛ 40 مىڭ 305 كىشىلىك پارتا - ئورۇندۇق سېتىۋېلىنىپ، پىلان 50.5% ئورۇندالدى؛ 1400 يۈرۈش ئوقۇتۇش سايمىنى ۋە ئۈسكۈنىسى، 3 مىليون 236 مىڭ نۇسخا كىتاب سېتىۋېلىش پىلانلاندى، خەۋەردار چاقىرىش ئارقىلىق سېتىۋېلىش پىلانى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى؛ 4615 مەكتەپ مۇدىرى ۋە ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەندى.

لىي شېكرۇڭ

ئىدارىسى، شىنجاڭ مۇزىكانتلار جەمئىيىتى ئۇرۇمچى شەھەرلىك مۇزىكانتلار ـ ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتى بىلەن بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان، شىنجاڭ «مۇزىكا سۆيەر» ئوركېستىرى تەڭكەش قىلغان دىلى جيەننىڭ نەي بىلەن ئورۇندالغان يالغۇز كىشىلىك مۇزىكا كېچىلىكى 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئۈرۈمچى «خەلق» تىياتىرىدا ئۆتكۈزۈلدى. شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى ۋە «مىللىي يازغۇچىلار» تەھرىر بۆلۈمى 8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىن 6 ـ كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىي تەرجىمانلار سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. مەدەنىيەت نازارىتى، شىنجاڭ مۇزىكانتلار جەمئىيىتى، شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى، گۇاڭجۇ جۇجياڭ پىئانىنو گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان 99، جۇڭگو غەربىي شىمالدىكى 5 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون جۇجياڭ پىئانىنو تەكلىپ مۇسابىقىسى 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىن 15 ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى.

«جۇڭگو غەربىي قىسىم ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمى 9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى 2 ـ نۆۋەتلىك چېگرا رايونغا ياردەم بەرگىلى كەلگەن ياشلار ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئەسەرلەرنى مۇكاپاتلاش يىغىنى ئاچتى.

كىنو «ۋىجدان»، تېلېۋىزىيە تىياترى (فىلىمى) «سوتچى ھاشىم»، دراما «قومۇلۇق قىزى»، ناخشا «مەڭگۈ ئۈزۈلمەس دوستلۇق رىشتىسى» 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى مەملىكەتلىك 7 ـ نۆۋەتلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى «بەش بىر قۇرۇلۇشى» مۇكاپاتىغا تاللاندى.

غەربىي شىمال، غەربىي جەنۇب 4 ـ نۆۋەتلىك كىنو جەمئىيىتى خىزمەت يىغىنى 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ش ئۇ ئا ر خەتتاتلار جەمئىيىتى 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى «ئەخلاق ۋە سەنئەتتە تەڭ يېتىلگەن» 35 ئەزانى تەقدىرلىدى.

شىنجاڭ فوتوگرافلار جەمئىيىتى 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن 29 ـ كۈنىگىچە 10 ـ قېتىملىق فوتو سۈرەت ئىجادىيىتى بويىچە نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى.

جياڭ لىن

### سەنئەت خىزمىتى

ئاپتونوم رايون بويىچە 1999 ـ يىلدىكى ئويۇن قويۇش تەشكىلاتى 88، ئارتىس 4036؛ ئويۇن قويۇش سورۇنى 24، ئىشچى ـ خىزمەتچى 291. بىر يىلدا يېڭىدىن 62 نومۇر تەييارلىنىپ مەملىكەت ئىچىدە 7692 مەيدان (قېتىم) قويۇلدى، ئويۇنغا 4 مىليون 536 مىڭ ئادەم (قېتىم) كۆردى؛ چەت ئەللەردە 486 مەيدان (قېتىم) ئويۇن قويۇلدى، ئويۇن قويۇشتىن قىلىنغان كىرىم 2 مىليون 968 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 57 مىليون 440 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي چىقىم 57 مىليون 320 مىڭ يۈەن، تىجارەت چىقىمى 45 مىڭ يۈەن؛ كەسىپكارلارنىڭ مائاشى 36 مىليون 48 مىڭ يۈەن، ئويۇن تەييارلاشقا كەتكەن خىراجەت 2 مىليون 861 مىڭ يۈەن.

نى يۈشىن

### مەدەنىيەت، سەنئەتنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش ئەھۋالى

مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ مەدەنىيەت، سەنئەتنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈپ ئويۇن قويۇش ئەترىتى 1999 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى تۇرپان ۋىلايىتىگە بېرىپ، تۇرپان شەھىرىنىڭ قاراغوجا يېزىسىدىكى يالقۇنتاغ ئوتتۇرا مەكتىپىدە 99، شىنجاڭ مەدەنىيەت، سەنئەتنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈپ ئويۇن قويۇش پائالىيىتىنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلىدى. 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەر يېزىلارغا بېرىپ ئويۇن قويۇش ئۆمىكى، ئەترىتىدىن 26نى تەشكىللىدى، ئۇلار 557 مەيدان (قېتىم) ئويۇن قويدى، تاماشىبىن 632 مىڭ 800 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى؛ 30 دىن ئارتۇق كىنو قويۇش كىچىك ئەترىتى تەشكىللىدى، ئۇلار 263 كەنت، ئەترەت، چارۋىچىلىق فېرمىسىغا بېرىپ ھەر مىللەت دېھقان، چارۋىچىلارغا 341 مەيدان (قېتىم) كىنو قويۇپ بەردى، تاماشىبىن 124 مىڭ 700 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى؛ يېزىلارغا كىتاب يەتكۈزۈپ بېرىش، كىتاب ئىئانە قىلىپ يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا 78 مىڭ 176 پارچە كىتاب، 10 مىڭ نۇسخا ژۇرنال، 2000 نۇسخا ئاسما كالېندار، پەن ـ تېخنىكا تەشۋىقاتىغا دائىر 123 پارچە سۈرەت، 500 پارچە نورۇزنامە، 685 قاپ ئۇنئالغۇ، سىنئالغۇ لېنتىسى تەقدىم قىلدى، كۆتۈپخانا (پونكىت) لار يېزىلاردا 36 قېتىم سەييارە كىتاب ئارىيەت بەردى، كىتاب ئارىيەت ئېلىپ ئوقۇغانلار 12 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى؛ يېزا ـ كەنت مەدەنىيەت پونكىتى، مەدەنىيەت ئۆيلىرىدىكى كىتاب باشقۇرغۇچى خادىملار ئۈچۈن باشقۇرۇش، ئەدەبىيات ـ سەنئەت يېتەكچىلىكى، ئاقسىلار ئېيتىشىشى قاتارلىق شەكىللەردە 85 قارار كۇرس ئېچىلدى، دېھقان ئەدەبىيات ـ سەنئەت تايانچىدىن 7354ى كۇرسقا قاتناشتى؛ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرى ئۈچۈن 32 مەيدان (قېتىم) ھەرخىل كۆرگەزمە ئېچىلدى، تاماشىبىن 50 مىڭدىن كۆپرەككە يەتتى.

نى يۈشىن

### «جۇڭگو مىللەتلەر خەلق ئۇسسۇللىرى توپلىمى. شىنجاڭ تومى» نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى

مەدەنىيەت نازارىتى ئۇستىگە ئالغان، ش ئۇ ئا ر سەنئەت

تەتقىقات ئورنى تەھرىرلىگەن «جۇڭگو مىللەتلەر خەلق ئۇسسۇللىرى توپلىمى. شىنجاڭ تومى» 1999 - يىل 1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى.

«جۇڭگو مىللەتلەر خەلق ئۇسسۇللىرى توپلىمى. شىنجاڭ تومى» دۆلەتنىڭ 8 - بەش يىللىق پىلانىدىكى نۇقتىلىق تۈر، مەدەنىيەت نازارىتى ئۈستىگە ئالغان 7 توم سەنئەت تەزكىرىسى ئىچىدىكى بىر توم. ئۇ مەملىكەتلىك سەنئەت پەنلىرى پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ بېتەكچىلىكىدە، ئاپتونوم رايوندىكى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق «مىللەتلەر خەلق ئۇسسۇللىرى توپلىمى» گۇرۇپپىلىرى ھەمدە شىنجاڭ تومى تەھرىر بۆلۈمىدىكىلەر 13 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز قاتارلىق 11 مىللەتنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە 52 نومۇرنى كۆڭۈل قويۇپ توپلاش ئارقىلىق تۈزۈلگەن. ئۇنىڭدا شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ خەلق ئۇسسۇللىرى ئومۇمىيۈزلۈك، سىستېمىلىق خاتىرىلەنگەن، ئۇ، شىنجاڭنىڭ ئۇسسۇل سەنئىتىنى تەتقىق قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنى ئاساس بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

نى يۇشىن

## ئاپتونوم رايونلۇق مۇنەۋۋەر سەھنە ئەسەر (نومۇر) لىرى كۆرىكى

مەدەنىيەت نازارىتى 1999 - يىل 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 10 - ئاينىڭ 28 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە، ئاپتونوم رايون بويىچە يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن مۇنەۋۋەر سەھنە ئەسىرى تەقدىم قىلىش، ئويۇن قويۇش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. ئاپتونوم رايون بويىچە كۆرەككە قاتناشتۇرۇلغان مۇنەۋۋەر سەھنە ئەسەر (نومۇر) لىرى مۇنۇلار: شىنجاڭ دراما ئۆمىكىنىڭ دراممىسى «ۋۇ دېكيۇن»، شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى دراممىسى «جۈرئەت»، قەشقەر ۋىلايەتلىك ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ مىللىيچە ناخشا - ئۇسسۇلى «قەشقەردە باھار»، ئۇيغۇرچە دراما «زەرەپشان ئوغلى»، قۇتۇبى ناھىيىلىك مۇزىكىلىق دراما ئۆمىكىنىڭ ئوپېراسى «تاغ ئىچىدە»، سانجى ئوبلاستلىق مىللىي ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ مۇزىكىلىق ناخشا - ئۇسسۇلى «گۈلدەك ئۆسمۈرلەر»، سانجى ئوبلاستلىق مەدەنىيەت ئىدارىسى تەشكىللىگەن ئىشتىن سىرتقى ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى «ئالتۇن باشاق چاچتى خۇشپۇراق»، شىخەنزە شەھەرلىك دراما ئۆمىكىنىڭ دراممىسى «يېشىل قاراۋۇل»، شىخەنزە شەھەرلىك خېنەن تىياتىرى ئۆمىكى ئورۇندىغان «ئۈچ ئەۋلاد تۇغقاندارچىلىق رىشتىسى»، ئۈرۈمچى شەھەرلىك سەنئەت تىياتىر ئۆمىكىنىڭ مۇزىكىلىق، ئۇسسۇللۇق داستانى «يىپەك يولىنى كېزەر گۈزەللەر»، ئۈرۈمچى شەھەرلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى تەشكىللىگەن ئىشتىن سىرتقى ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى، ئالتاي ۋىلايەتلىك ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ مىللىيچە ناخشا - ئۇسسۇلى «ئالتۇندەك ئالتاي»، بايىنغولىن ئوبلاستلىق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ مىللىيچە ناخشا - ئۇسسۇلى «غەربىي قىسمىدىكى موڭغۇللار»، ئىلى ئوبلاستلىق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ مۇزىكىلىق تىياتىرى «ئالتاي تېغىدىكى بىر ئائىلە كىشىلىرى»، ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى ئىشچى - خىزمەتچىلەر سەنئەت ئۆمىكىنىڭ دراممىسى «بۇرچ»، شىنجاڭ سېرك ئۆمىكىنىڭ سېرك كېچىلىكىدىن ئىبارەت 16 ئەسەر 29 مەيدان ئوينالدى، بۇنىڭ ئىچىدە 4 سەھنە ئەسىرى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 8 سەھنە ئەسىرى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 4 سەھنە ئەسىرى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 91 نومۇر ئاق تۈرلەر بويىچە مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

نى يۇشىن

## تۇنجى نۆۋەتلىك ئاقىنلار ئېيتىشىشى

تۇنجى نۆۋەتلىك ئاقىنلار ئېيتىشىشى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسلىق باشقۇرۇشى، ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئۈستىگە ئېلىشى، ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى كومىتېتى، مەدەنىيەت نازارىتى، رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە نازارىتى، بىڭتۇەننىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن 1999 - يىل 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى.

ئاقىنلار ئېيتىشىشى — قازاق خەلقى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بىر خىل كۆڭۈل ئېچىش (ناخشا ئېيتىش) شەكلى. «ئاقىن» — ئېلىمىزدىكى قازاق خەلقى ئۆز ئىچىدىن چىققان ناخشىچى شائىرلارغا قويغان ھۆرمەت نامى.

بۇ قېتىمقى ئاقىنلار ئېيتىشىشىغا قاتناشقان 83 ماھىر ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي، بورتالا، سانجى، قۇمۇل، ئۈرۈمچى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىن ۋە بىڭتۇەن سىستېمىسىدىن كەلگەن.

قايرات، ئابدۇقانى، قازىزالار ئاقىنلار ئېيتىشىشىدا 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ ساغىدە تېرمىن ئېيتىشىشىدا 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ ئابدۇباقىت دومبۇرا چېلىشتا 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

جياڭ لىن

## شىنجاڭ ئۆسمۈرلەر - بالىلار ئۇسسۇل مۇسابىقىسى

ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، ش ئۇ ئا ر مائارىپ كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش كومىتېتى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىرلىكتە 1999 - يىل 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى شىنجاڭ ئۆسمۈرلەر - بالىلار

ئۇسسۇل مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. 1500 كىچىك ماھىر تەييارلىغان 180 دىن ئارتۇق مۇنەۋۋەر ئۇسسۇرلەر ـ بالىلار ناخشا ـ ئۇسسۇل ئەسىرى مۇسابىقىغا قاتناشتۇرۇلدى. مۇسابىقە بالىلار گۇرۇپپىسى ۋە ئۆسمۈرلەر گۇرۇپپىسىغا ئايرىلدى. مۇسابىقىدىن كېيىن باھالاش ئارقىلىق بالىلار گۇرۇپپىسىدىن 4 بالا 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 7 بالا 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 11 بالا 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ ئۆسمۈرلەر گۇرۇپپىسىدىن 8 ئۆسمۈر 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 12 ئۆسمۈر 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 18 ئۆسمۈر 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىجادىيەت مۇكاپاتى قاتارلىق 7 تۈر بويىچە باھالاش ئارقىلىق 89 ئادەم مۇكاپاتلاندى.

ئالتۇن

## «بىزنىڭ شىنجاڭ ياخشى جاي» ناملىق ناخشا ـ ئۇسسۇل قويۇلدى

1999 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاۋالە قىلىشى، مەدەنىيەت نازارىتى، جۇڭگو سەنئەت شىركىتىنىڭ باشلامچىلىق قىلىشى بىلەن شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى، ئوپېرا ئۆمىكى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك سەنئەت ـ تىياتىر ئۆمىكى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىدىن 140 كىشى قاتناشتۇرۇلۇپ تەييارلانغان مىللىيچە ناخشا ـ ئۇسسۇل «بىزنىڭ شىنجاڭ ياخشى جاي»نى ئورۇنداش ئۆمىكى 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىن 17 ـ كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئويۇن قويۇپ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. شاڭخەي شەھىرىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىن 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە شاڭخەيدە 3 مەيدان ئويۇن قويدى، تاماشىبىن 10 مىڭ ئادەم (قېتىم) دىن ئاشتى. گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، 12 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىن 17 ـ كۈنىگىچە، 12 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىن 30 ـ كۈنىگىچە «بىزنىڭ شىنجاڭ ياخشى جاي» گۇاڭدۇڭدا 6 مەيدان قويۇلدى. تاماشىبىن 7000 ئادەم (قېتىم) دىن ئاشتى؛ شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ ئاۋمېندا تۇرۇشلۇق شۆبىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئاۋمېندىكى «ئاۋمېن تەنتەنىسى»، «شەۋكەتلىك دەريا تەنتەنىسى» ئويۇنلىرىنى ئورۇنداشقا ھەمدە ئاۋمېن «داسەنبا» شەھەر مەمۇرىيىتى مەيدانىدىكى ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى تەبرىكلەش، ئاۋمېندا تۇرۇشلۇق قىسىملارنى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلگەن ئويۇن قويۇش پائالىيەتلىرىگە قاتناشتى.

نى يۈشىن

## ۋۇ دېڭيۈننىڭ ئىش ـ ئىزلىرى سەھنىدە كۆرسىتىلدى

شىنجاڭ دراما ئۆمىكى تەييارلىغان نەمۇنىلىك كومپارتىيە ئەزاسى ۋۇ دېڭيۈننىڭ چېگرا رايوندا يىلتىز تارتىپ، چېگرا رايونغا ئۆزىنى بېغىشلاشتەك ئۇلۇغلارلىق ئىش ـ ئىزلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ھازىرقى زامان دراممىسى «ۋۇ دېڭيۈن» 1999 ـ يىل 6 ـ ئايدا سەھنىدە ئوينالدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر «ۋۇ دېڭيۈن» دراما گۇرۇپپىسىدىكىلەر ئۈرۈمچى، سانجى قاتارلىق جايلاردا 82 مەيدان ئويۇن قويدى، تاماشىبىن 60 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى.

نى يۈشىن

## «جۇڭگو خەلق ناخشىلىرى توپلىمى. شىنجاڭ تومى» نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى

مەدەنىيەت نازارىتى ئۈستىگە ئالغان، ش ئۇ ئا ر سەنئەت تەتقىقات ئورنى قېزىش، رەتلەش، تۈزۈشكە مەسئۇل بولغان «جۇڭگو خەلق ناخشىلىرى توپلىمى. شىنجاڭ تومى» 1999 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى نەشر قىلىندى.

«جۇڭگو خەلق ناخشىلىرى توپلىمى. شىنجاڭ تومى» دۆلەتنىڭ 8 ـ بەش يىللىق پىلانى ۋە 9 ـ بەش يىللىق پىلانىدىكى نۇقتىلىق پەن تەتقىقات تۈرى بولۇپ، ئۇنىڭغا شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، قىرغىز قاتارلىق 12 مىللەتنىڭ خەلق ناخشىلىرىدىن 1898ى ئومۇمىيۈزلۈك، سىستېمىلىق توپلانغان، بۇ تومدىكى خەرىتە، يېزىق، نوتا، تېكىستلەرنى يېزىققا سۈندۇرۇپ ھېسابلىغاندا، خەت سانى تەخمىنەن 3 مىليونغا يېتىدۇ، مەملىكەت بويىچە ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردىكى مەدەنىيەت، سەنئەت ئەسەرلىرى توپلانغان تەزكىرە كىتابلىرى ئىچىدە بۇ كىتابنىڭ كۆلىمى ئەڭ زور، سەھىپىسى ئەڭ كۆپ بولۇپ، ئۇ، خەلق سەنئىتى قامۇسىدۇر. ئۇنىڭ قېزىلىشى چوڭقۇر، توپلىنىشى كەڭ، سانى كۆپ بولۇپ، جۇڭگو مەدەنىيەت تارىخىدىمۇ تۇنجى قېتىملىق ئىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ، شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى، ئەدەبىياتى، مىللەت، مىللىي ئۆرپ ـ ئادىتى ھەمدە ئىجتىمائىي تۇرمۇشى قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

نى يۈشىن

## 2 سەنئەتچى 9 ـ نۆۋەتلىك تۇز مۇكاپاتى ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋاسكال مۇزىكا مۇسابىقىسىدە مۇكاپاتقا ئېرىشتى

مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، دۆلەت رادىئو ـ كىنو ـ تېلېۋىزىيە باش ئىدارىسى، گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بىرلىكتە

ئۆتكۈزگەن 9 - نۆۋەتلىك توز مۇكاپاتى ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋاسكال مۇزىكا مۇسابىقىسى 1999 - يىل 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى نەنىڭدا ئاخىرلاشتى. شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكىدىكى ياش ۋاسكال مۇزىكا ئارتىسى گودانبېك (قازاق)، قەشقەر ۋىلايەتلىك ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ ئۇيغۇر ۋاسكال مۇزىكا ئارتىسى نۇر ئامىنەلەر ئايرىم ھالدا 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ ياش قازاق ئارتىسى شاگۈلبىرغالى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

نى يۈشىن

## شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇلى بېيجىڭ سەھنىلىرىدە ئوينالدى

مەدەنىيەت نازارىتى دۆلەت يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش ئىشخانىسى ۋە مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى باشچىلىقىدا ئۆتكۈزۈلگەن يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر تىياتىر، سەنئەت نومۇرى تەقدىم قىلىش كۆرىكىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئويۇشتۇرغان، 100 كىشى قاتناشتۇرۇلغان مىللىيچە ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى ۋە قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى تەييارلىغان مىللىيچە مۇزىكىلىق ناخشا - ئۇسسۇل «تاغ - ئانام، سۇ — ئانام»، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى تەييارلىغان مىللىيچە ناخشا - ئۇسسۇل «دولان گۈللىرى»، شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى تەييارلىغان مىللىيچە ناخشا - ئۇسسۇل «بىزنىڭ شىنجاڭ ياخشى جاي» قاتارلىق مۇنەۋۋەر سەنئەت نومۇرلىرى بېيجىڭ سەھنىلىرىدە ئوينالدى.

نى يۈشىن

## «بوشلۇقتىكى پولات سىم ئارقاندا مېڭىش» «ئالتۇن شىر مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى

1999 - يىل 11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى بىلەن خېبېي ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن «7 - نۆۋەتلىك جۇڭگو ۋۇچياۋ خەلقئارا سېرك سەنئىتى بايرىمى»دا شىنجاڭ سېرك ئۆمىكى ئورۇندىغان «بوشلۇقتىكى پولات سىم ئارقاندا مېڭىش» «ئالتۇن شىر مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى. دۆلەت ئىچى - سىرتىدىن بولۇپ 23 ئويۇن قويۇش ئۆمىكىنىڭ 30 نومۇرى ئوينالدى ۋە مۇسابىقىگە قاتناشتۇرۇلدى. 3 نومۇر «ئالتۇن شىر مۇكاپاتى»غا، 7 نومۇر «كۈمۈش شىر مۇكاپاتى»غا، 8 نومۇر «مىس شىر مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى.

نى يۈشىن

## 99' جۇڭگو غەربىي شىمالدىكى 5 ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) بويىچە جۇجياڭ پىئانىنو تەكلىپ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى

مەدەنىيەت نازارىتى، مائارىپ كومىتېتى، شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ مۇزىكانتلار جەمئىيىتى، گۇاڭجۇ جۇجياڭ پىئانىنو گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى بىرلىكتە ئويۇشتۇرغان، شىنجاڭ ستەنۋېي مەدەنىيەت مەركىزى، شىنجاڭ مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ پىئانىنو ئىلمىي جەمئىيىتى ئۈستىگە ئالغان، غەربىي شىمالدىكى 5 ئۆلكە (ئاپتونوم رايون)لىك مۇزىكانتلار جەمئىيەتلىرى، شىنجاڭ بىڭتۇەن مۇزىكانتلار جەمئىيىتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇزىكا كافېدراسى بىلەن «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ نەزەرىيە ئەدەبىيات - سەنئەت بۆلۈمى ھەمكارلاشقان 99' جۇڭگو غەربىي شىمالدىكى 5 ئۆلكە (ئاپتونوم رايون)نىڭ جۇجياڭ پىئانىنو تەكلىپ مۇسابىقىسى 1999 - يىل 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى تەكلىپ مۇسابىقىسى دۆلەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش، غەربىي شىمالدىكى رايونلارنىڭ پىئانىنو مائارىپىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە تەڭكەش قىلىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلگەن زور كۆلەملىك بىر قېتىملىق مۇزىكا پائالىيىتىدىن ئىبارەت.

نى يۈشىن

## «قەدىناس تۇغقانلار» ناملىق ماي بوياق رەسىم مىس مېدالغا ئېرىشتى

مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى بىلەن جۇڭگو گۈزەل سەنئەت جەمئىيىتى ئۆتكۈزگەن 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك گۈزەل سەنئەت كۆرگەزمىسىنىڭ باھالاش - مۇكاپاتلاش ئىشلىرى 1999 - يىل 11 - ئايدا ئاخىرلاشتى. شىنجاڭ رەسساملار ئاكادېمىيىسىنىڭ 8 پارچە گۈزەل سەنئەت ئەسىرى تاللاندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر رەسسام مۇھەممەت ھېبىت سىزغان ماي بوياق رەسىم «قەدىناس تۇغقانلار» مىس مېدالغا ئېرىشتى.

نى يۈشىن

## 4 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر «بارچە گۈللەر مۇكاپاتى» قولغا كەلتۈرۈلدى

جۇڭگو گۈزەل سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى بىلەن جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر گۈزەل سەنئىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى بېيجىڭدا ئۆتكۈزگەن «ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈۋېلىش بويىچە 4 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر «بارچە گۈللەر» گۈزەل سەنئەت كۆرگەزمىسىنىڭ باھالاش - مۇكاپاتلاش ئىشلىرى 1999 - يىل 10 - ئاينىڭ

20 - كۈنى ئاخىرلاشتى. شىنجاڭ رەسساملار ئاكادېمىيىسىنىڭ 6 پارچە ئەسىرى تاللىنىپ مۇكاپاتلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر رەسسام مۇھەممەت ھېيت سىزغان ماي بوياق رەسىم «ئانا ۋە بالا» ئالتۇن مېدالغا؛ قىرغىز ئايال رەسسام خالىدەم سىزغان «ئىككى قىرغىز قىزچاق» كۈمۈش مېدالغا؛ ئۇيغۇر رەسسام يالقۇن سىزغان ماي بوياق رەسىم «كەتمەن»، خۇاڭ جيەنشىن سىزغان ماي بوياق رەسىم «ئىيۇلدىكى ئوت يۇرتى»، چېي شىنچۇن سىزغان ماي بوياق رەسىم «بالىلىق چاغلار ئەسلىمىسى»، قازاق ئايال رەسسام ناۋرا سىزغان جۇڭگوچە رەسىم «شىنجاڭ قىزى» مىس مېدالغا ئېرىشتى.

نى يۇشىن

## لى ياۋتيەن «99' جۇڭگودىكى (خەلق ئارىسىدىكى) كۆزگە كۆرۈنگەن 100 رەسسامنىڭ بىرى» دېگەن نامغا ئېرىشتى

جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، مەملىكەتلىك خەلق ئارىسىدىكى ھۈنەر - سەنئەت، خەتتاتلىق، گۈزەل سەنئەت كۆرگەزمىسى تەشكىللىي كومىتېتىنىڭ باھالاپ تەستىقلىشى ئارقىلىق، شىنجاڭ رەسساملار ئاكادېمىيىسىدىكى لى ياۋتيەنگە 99' جۇڭگودىكى (خەلق ئارىسىدىكى) كۆزگە كۆرۈنگەن 100 رەسسامنىڭ بىرى» دەپ نام بېرىلدى.

نى يۇشىن

## ناۋرا رەسىم كۆرگەزمىسى ئېچىلدى

ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، مەدەنىيەت نازارىتى، شىنجاڭ رەسساملار ئاكادېمىيىسى 1999 - يىل 8 - ئاينىڭ 21 - كۈنى بىرلىكتە ياش قازاق ئايال رەسسام ناۋرانىڭ رەسىملەر كۆرگەزمىسىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزدى. ناۋرا 1989 - يىلى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ گۈزەل سەنئەت فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن بولۇپ، شىنجاڭ رەسساملار ئاكادېمىيىسىنىڭ ياش رەسسامى. كۆرگەزمىگە قويۇلغان، ئۇ سىزغان «شادلىققا چۆمگەن يايلاق»، «ئاپامنىڭ شادلىقى»، «قىز قوۋزار»، «دەۋرىمىز خوتۇن - قىزلىرى» قاتارلىق ئەسەرلەر مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق رەسىم كۆرگەزمىسى مۇسابىقىلىرىدە مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

نى يۇشىن

## شياۋداۋ كاڭيۇ شىنجاڭ مەدەنىيەت، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىشلىرى مۇنەۋۋەر مۇكاپاتى تەسىس قىلىندى

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەدەنىيەت مەسلىھەتچىسى، ياپونىيىلىك دوست شياۋداۋكاڭيۇ 1999 - يىل 7 - ئاينىڭ 3 - كۈنى مەدەنىيەت نازارىتى بىلەن ئىمزا قويۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. 1999 - يىلدىن ئېتىبارەن شياۋداۋكاڭيۇ ھەر يىلى 100 مىڭ يەن خەلق پۇلى مەبلەغ سېلىپ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىشلىرىدا گەۋدىلىك تۆھپە ياراتقان خادىملارنى مۇكاپاتلايدىغان بولدى. مۇكاپات تۈرىنىڭ مۇددىتى 10 يىل بولۇپ، ھەر يىلى يىل ئاخىرىدا شۇ يىللىق مۇكاپاتقا ئېرىشكۈچىلەرنى مۇكاپاتلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ. 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى شياۋداۋكاڭيۇ شىنجاڭ مەدەنىيەت، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىشلىرى مۇنەۋۋەر مۇكاپاتىنى باھالاش - تەكشۈرۈش كومىتېتى تۇنجى تۈركۈمدە شياۋداۋكاڭيۇ شىنجاڭ مەدەنىيەت، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىشلىرى مۇنەۋۋەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن كوللېكتىپ شىنجاڭ سەنئەت تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ مۇزېيىنى ۋە ۋاڭ چېڭۋېن قاتارلىق 18 مۇنەۋۋەر شەخسنى تەقدىرلىدى ۋە مۇكاپاتلىدى.

نى يۇشىن

## ئىككى رەسسام لۇشۇن ئويما رەسىم مۇكاپاتىغا ئېرىشتى

جۇڭگو ئويما رەسىمچىلەر جەمئىيىتى ئويما رەسىم سەنئىتى كومىتېتى 1999 - يىل 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 13 - كۈنىگىچە چېڭداۋدا تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، جۇڭگونىڭ 80 -، 90 - يىللاردىكى مۇنەۋۋەر ئويما رەسىم رەسساملىرىنى مۇكاپاتلىدى. شىنجاڭدىن جياڭ جېنخۇا، يۇ ۋېنيالار «لۇشۇن ئويما رەسىم مۇكاپاتىغا» ئېرىشتى.

نى يۇشىن

## ئىسلامجان ۋارىس «جۇڭگونىڭ پالۋان چولپىنى» ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى

شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكىنىڭ ياش ئارتىسى ئىسلامجان ۋارىس 1999 - يىل 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى شاڭخەي شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن 4 - نۆۋەتلىك شاڭخەي خەلقئارا كىنو بايرىمى كىنو - تېلېۋىزىيىدە ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسىدە «جۇڭگونىڭ پالۋان چولپىنى» ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى.

نى يۇشىن

## شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبى بىر تۇتاش — 10 مىڭ مېتىرلىق ھۆسنخەت ۋە رەسىم سەييارە كۆرگەزمىسى

بۇ كۆرگەزمە 1999 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئۈرۈمچىدە باشلاندى. بۇ كۆرگەزمىنى ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى، جۇڭگو مىللەتلەر ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش

## 1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندا ئۆتكۈزۈلگەن ئاساسلىق گۈزەل سەنئەت، خەتتاتلىق، فوتو سۈرەت كۆرگەزمىلىرى

| ۋاقتى (ئاي) | كۆرگەزمە نامى | كۆرگەزمە ئورنى | باشقۇرغان ئورۇن |
|---|---|---|---|
| 2 | «گۈزەل شىنجاڭ» لوكى لوڭقىسى فوتو سۈرەت مۇسابىقە ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى | شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى كۆرگەزمە زالى | شىنجاڭ فوتوگرافلار جەمئىيىتى |
| 2 | مەملىكەت بويىچە 5 ئاپتونوم رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ فوتو سۈرەت، گۈزەل سەنئەت سەييارە كۆرگەزمىسى | شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى كۆرگەزمە زالى | شىنجاڭ فوتوگرافلار جەمئىيىتى |
| 6 | «1 - ئىيۇن»نى تەبرىكلەش «شىنىنبې لوڭقىسى» ئۆسمۈرلەر ھۆسنخەت رەسىم كۆرگەزمىسى ۋە ئاتاقلىق رەسساملارنىڭ شىنجاڭنىڭ تاغ - دەريالىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مەشھۇر ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى | شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى كۆرگەزمە زالى | شىنجاڭ فوتوگرافلار جەمئىيىتى |
| 6 | شىنجاڭدىكى تۇنجى نۆۋەتلىك گۈل - گىياھ، قۇشلار رەسىملىرى كۆرگەزمىسى | شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى كۆرگەزمە زالى | شىنجاڭ گۈل - گىياھ، قۇشلار رەسىملىرى تەتقىقات جەمئىيىتى |
| 6 | «خۇاشىن لوڭقىسى» شىنجاڭدا ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ 20 يىللىق نەتىجىلىرى فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسى | شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى كۆرگەزمە زالى | شىنجاڭ فوتو سۈرەت جەمئىيىتى، شىنجاڭ فوتوگرافلار جەمئىيىتى، شىنجاڭ «خۇڭخۇبىن» تەرەققىيات شىركىتى |
| 6 | «ۋەتەنگە مەدھىيە» سودا - سانائەت بانكىسى لوڭقىسى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ھۆسنخەت كۆرگەزمىسى | شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى كۆرگەزمە زالى | ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، سودا - سانائەت بانكىسىنىڭ ش ئۇ ئا ر شۆبىسى تىجارەت ئورنى قاتارلىقلار |
| 7 | شىنجاڭ جۇڭگو رەسىم تەتقىقات جەمئىيىتى تۇنجى نۆۋەتلىك ھۆسنخەت، سۈرەت كۆرگەزمىسى | شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى كۆرگەزمە زالى | شىنجاڭ ئاخبارات ئېلان قىلىش مەركىزى، شىنجاڭ جۇڭگوچە رەسىم تەتقىقات جەمئىيىتى |
| 7 | يىپەك يولى شىنجاڭ ئاۋات ساياھەت لىنىيىسى ئۈرۈمچى — نەنسەن مەنزىرە، ئۆرپ - ئادەت، ھۆسنخەت، رەسىم، فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسى ۋە ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ 50 يىللىق نەتىجىلىرى فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسى | شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى كۆرگەزمە زالى | ئۈرۈمچى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى |
| 8 | 99' ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىگە بېغىشلانغان ئاۋمېن رەسساملىرى ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى | شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى كۆرگەزمە زالى | شىنجاڭ خەلقئارا مەدەنىيەت تەرەققىياتى مەركىزى |
| 8 | شىنجاڭ، تەيۋەن ھۆسنخەت، رەسىم بىرلەشمە كۆرگەزمىسى | شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى كۆرگەزمە زالى | شىنجاڭ خەتتاتلار - رەسساملار جەمئىيىتى، شىنجاڭ ھۆسنخەت - رەسىم تەتقىقات جەمئىيىتى، تەيۋەن گۈزەل سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 9 | شۇچۇنگۇاڭ رەسىم كۆرگەزمىسى | شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى كۆرگەزمە زالى | شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت جەمئىيىتى، ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى |
| 9 | ئاقسۇ «رىشتە باغلاش» شەھەر ھەيكەلتاراشلىقى كۆرگەزمىسى | شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سارىيى | ئاقسۇ شەھىرى، جۇڭگو ھۈنەر - سەنئەت، گۈزەل سەنئەت ئىلمىي جەمئىيىتى |
| 9 | يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەشكە بېغىشلانغان شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت، فوتو سۈرەت، ھۈسنىخەت كۆرگەزمىسى | شىنجاڭ خەلقئارا كۆرگەزمە مەركىزى | ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى، ش ئۇ ئا ر يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى |
| 10 | شىنجاڭدىكى ئاخبارات ساھەسىدىكىلەرنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش بويىچە ھۈسنىخەت، رەسىم، فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسى | شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى كۆرگەزمە زالى | شىنجاڭ ئاخباراتچىلار جەمئىيىتى، پېشقەدەم ئاخباراتچىلار بىرلەشمە دوستلۇق جەمئىيىتى، ئاخباراتچىلار - فوتو سۈرەتچىلەر جەمئىيىتى |
| 12 | «شىنجاڭ گېزىتى» نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەشكە مەملىكەت بويىچە ئاتاقلىق خەتتات، رەسساملارنىڭ ئەسەر تەقدىم قىلىش كۆرگەزمىسى | شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى كۆرگەزمە زالى | «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى، شىنجاڭ خەتتاتلار جەمئىيىتى، ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، ئاخباراتچىلار - فوتو سۈرەتچىلەر جەمئىيىتى |
| 12 | قاناس مەنزىرىلىرى فوتو سۈرەت ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى | شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى كۆرگەزمە زالى | بۇرچىن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭ فوتوگرافلار جەمئىيىتى، قاناس ساياھەت كوپېراتىپى |

جياڭ لىن

كومىتېتى شىنجاڭ كومىتېتى، شىنجاڭ يىپەك يولى ھۈسنىخەت، رەسساملار ئاكادېمىيىسى، ئۈرۈمچى «خۇڭگۇيېن» مەدەنىيەت تارقىتىش مەركىزى بىرلىكتە ئۆتكۈزدى. 8000 دىن ئارتۇق ئادەم خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە، موڭغۇلچە يېزىقلاردىكى ھۈسنىخەت، رەسىم ئىجادىيەتلىرىنى كۆرگەزمىگە قاتناشتۇردى، ئىجادىيەتچىلەرنىڭ ئەڭ كىچىكى 4 ياش، ئەڭ چوڭى 80 ياشتىن يۇقىرى.

جياڭ لىن

## شىنجاڭ گۈل - قۇش رەسىملىرى تەتقىقات جەمئىيىتى قۇرۇلدى ۋە تۇنجى نۆۋەتلىك گۈل - قۇش رەسىملىرى كۆرگەزمىسى ئېچىلدى

شىنجاڭ گۈل - قۇش رەسىملىرى تەتقىقات جەمئىيىتى 1999 - يىل 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى قۇرۇلدى، ۋۇ چىغبىڭ، ياۋ تيېشەنلەر جەمئىيەتنىڭ پەخرىي باشلىقى، دىڭ ۋېيدۇڭ جەمئىيەت باشلىقى بولدى. شۇ كۈنى شىنجاڭ تۇنجى نۆۋەتلىك گۈل - قۇش رەسىملىرى كۆرگەزمىسى ئېچىلدى. گۈل - قۇشلارنى باش تېما قىلغان ئاز كەم 100 ئەسەر كۆرگەزمىگە قاتناشتۇرۇلدى.

جياڭ لىن

## «بىزنىڭ شىنجاڭ ياخشى جاي» سەنئەت مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى

بۇ يىغىننى ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن «شىنجاڭ سەنئىتى» خەنزۇ تەھرىر بۆلۈمى بىرلىكتە 1999 - يىل 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئاچتى. ئاپتونوم رايون ئىچى - سىرتىدىن كەلگەن 30 دىن ئارتۇق سەنئەتكار، نەزەرىيىچى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمەتچىسى مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى.

«بىزنىڭ شىنجاڭ ياخشى جاي» ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى باشچىلىق قىلغان، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى جۇڭگو مەدەنىيەت، سەنئەت باش شىركىتى ئۈستىگە ئالغان، ئاپتونوم رايون ئىچى - سىرتىدىكى كۆپلىگەن كارخانىلار ھەمكارلىشىپ ئۇيۇشتۇرغان مىللىيچە ناخشا - ئۇسسۇل كېچىلىكى بولۇپ، ئۇنىڭغا شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ بىرىم

ئەسىردىن بۇيانقى جەۋھەرلىرى مۇجەسسەملەنگەن، ئۇ، شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى ئىجادىيىتىدە، ھازىرقى زامان ئېڭىنىڭ ئويغانغانلىقى ۋە كۈچەيگەنلىكىنى نامايان قىلىپ بەردى.

جياڭ لىن

## خور سەنئىتى ۋە ساپا مائارىپى نەزەرىيىسى مۇھاكىمە يىغىنى

بۇ يىغىننى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ مۇزىكانتلار جەمئىيىتى، شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى «شىنجاڭ سەنئىتى» تەھرىر بۆلۈمى بىلەن بىرلىكتە 1999 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئاچتى. 30 دىن ئارتۇق پروفېسسور، ئالىم، سەنئەت نەزەرىيىسى خىزمەتچىسى بىر يەرگە جەم بولۇپ، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى خور ئۆمىكىنىڭ ئىتالىيىدىكى 38 ـ نۆۋەتلىك زېگېشىز خەلقئارا خور مۇسابىقىسىنىڭ B گۇرۇپپا تۈرىدىكى ئاياللار گورۇپپىسى، ئەرلەر گۇرۇپپىسى ۋە ئارىلاش گۇرۇپپا بولۇپ 3 تۈر بويىچە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىكىگە يۈكسەك باھا بەردى. بۇ شىنجاڭ خور سەنئەت ئۆمىكىنىڭ تۇنجى قېتىم خەلقئارادا مۇكاپاتقا ئېرىشىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يەنە خور سەنئىتى بىلەن ساپا مائارىپىنىڭ مۇناسىۋىتى، شىنجاڭ خور سەنئىتىنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشى، ئەنئەنىۋى مۇزىكا مەدەنىيىتى بىلەن ھازىرقى زامان مۇزىكا مەدەنىيىتىنى بىرلەشتۈرۈش، پېداگوگىكا ئالىي مەكتەپلىرى سەنئەت تەربىيىسى، تەرەققىيات ئىستىقبالى، سەنئەت ئىجادىيىتى بىلەن نەزەرىيە تەتقىقاتىنى ماسلاشتۇرۇپ، راۋاجلاندۇرۇش قاتارلىق بىر قاتار مۇھىم مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ باردى.

جياڭ لىن

## شىنجاڭنىڭ تېلېۋىزىيە ئىجادىيىتى، تاشقى تەشۋىقات مەدەنىيىتى ئۈستىدە ئويلىنىش نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى

بۇ يىغىننى ئۈرۈمچى تېلېۋىزىيە سەنئەتكارلىرى جەمئىيىتى، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» خەنزۇ تەھرىر بۆلۈمى بىرلىكتە 1999 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە ئاچتى. يىغىنغا قاتناشقانلار «كۆكتۈمدىكى ئىس ـ تۈتەك» قاتارلىق 9 تېلېۋىزىيە فىلىمىنىڭ ژانىرى، مۇزىكىسى، بايان قاتارلىق جەھەتلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ تېلېۋىزىيە مەخسۇس فىلىملىرىنىڭ مەدەنىيەتتە تۇتقان ئورنىنى بەلگىلەشكە دىققەت قىلىش كېرەكلىكىنى، مىللىي ئالاھىدىلىككە، يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە مەدەنىيەتنى كۆپرەك ئەكس ئەتتۈرۈش، ئىجادىيەتتە ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، مۇقىملىشىپ قالغان ئەندىزىلەرگە ئېسىلىۋالماسلىق كېرەكلىكىنى، چىن، تەبىئىي، جانلىق، ئاددىي ـ ساددا بولۇش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، شىنجاڭنىڭ تېلېۋىزىيە فىلىمى ئىجادىيىتىنى تېخىمۇ يۈكسەكلىككە قاراپ راۋاجلاندۇرۇش لازىملىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى.

جياڭ لىن

## «كوچىمەن شائىر» مۇھاكىمە يىغىنى

بۇ يىغىننى شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى قاتارلىق 4 ئورۇن بىرلىكتە 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە ئاچتى. ئاپتونوم رايوندىكى ئوبزورچى، يازغۇچى، مۇھەررىرلەر بولۇپ 20 دىن ئارتۇق ئادەم يىغىنغا قاتناشتى.

«كوچىمەن شائىر» نى ئاپتونوم رايوندىكى مەشھۇر يازغۇچى جاۋ گۇاڭمىڭ ئىجاد قىلغان، بۇ ئەسەر بازار ئىگىلىكى دولقۇنىنىڭ زەربىسى ئاستىدىكى دەۋرىمىز زىيالىيلىرىنىڭ خىلمۇخىل قىياپىتىنى نامايان قىلىپ بەرگەن؛ دەۋرىمىزدە يۈز بەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەر جەريانىدا ئۇلارنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ۋە مەنىۋى يۈرتىغا بولغان قىزغىن ئىزدىنىشلىرىنى ئىپادىلەپ بەرگەن. بۇ ئەسەردە جۇڭگو كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىنغان، غەربنىڭ سيور رېئالىزمى، سېھرىي رېئالىزم قاتارلىق ماھارەتلىرىمۇ قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، شىنجاڭدىكى «كۆڭۈزچىلارنىڭ غەيرىي رەسمىي تارىخى» دەپ قارالدى.

جياڭ لىن

## تېيىپجان ئېلىيوف ئەسەرلىرى مۇھاكىمە يىغىنى

بۇ يىغىننى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى كومىتېتى بىلەن شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى 8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە ئاچتى. 350 تىن ئارتۇق ھەر مىللەت يازغۇچى، شائىر، ئوبزورچى، مۇھەررىر يىغىنغا قاتناشتى.

تېيىپجان ئېلىيوف دەۋرىمىز ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىكى ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە شائىر، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى قايناق ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىغا تولغان. ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە شېئىرلار توپلاملىرىدىن «شەرق ناخشىسى»، «تىنچلىق ناخشىسى»، «تۈگىمەس ناخشا»، «ۋەتەنگە مەدھىيە»، «زېمىنغا چىرايلىق كەلدى باھار»، «باھار ئىلھامى»، «تېيىپجان ئېلىيوف شېئىرلىرىدىن تاللانما» قاتارلىقلار بار. «مۇھەببەت لىرىكىلىرى»، «يۇرت لىرىكىلىرى» قاتارلىق ئەسەرلىرى مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن قېيۇم باھاۋۇدۇن، مىجىت ناسىر، مەمتىمىن زاكىرلار ۋە جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى گىدىساگا قاتارلىق رەھبەرلەر مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى ھەمدە سۆز قىلدى.

جياڭ لىن

## «گۈزەل شىنجاڭ» لوكې لوڭقىسى فوتو سۈرەت مۇسابىقىسى ۋە ئەسەرلەر كۆرگەزمىسى ئېچىلدى

شىنجاڭ فوتو سۈرەتچىلەر جەمئىيىتى ۋە لوكې فوتو سۈرەت لېنتىسى شىركىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن «گۈزەل شىنجاڭ» لوكې لوڭقىسى فوتو سۈرەت مۇسابىقىسى 1999 - يىل 1 - ئايدا ئاخىرلاشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە جايلاردىكى فوتو سۈرەتچىلەر جەمئىيىتى ئەزالىرىنىڭ 88 پارچە ئەسىرى تاللىنىپ، 2 - ئاينىڭ 3 - كۈنى كۆرگەزمىگە قويۇلدى. 14 پارچە ئەسەر مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە شى گۇاڭخۇەنىڭ ئەسىرى «تەڭرىتاغنىڭ ئېچكىرىسىدە»، جاڭ گېپىڭنىڭ ئەسىرى «ئورمانلىقتىكى قىزچاق» ئالتۇن مېدالغا، 4 پارچە ئەسەر كۈمۈش مېدالغا، 8 پارچە ئەسەر مىس مېدالغا ئېرىشتى.

جياڭ لىن

# مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمىتى

## مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمىتى

1999 - يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايوندىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئاپپاراتى 78گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەردىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش، باشقۇرۇش ئاپپاراتى 75، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى پەن تەتقىقات ئورنى 2، باشقا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنى بىر. موزېي 23، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى سودا دۇكىنى بىر. ئاپتونوم رايون بويىچە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىم 726، ئاپتونوم رايون بويىچە ساقلىنىۋاتقان مەدەنىيەت يادىكارلىقى بۇيۇمى 32 مىڭ 60 دانە، بۇنىڭ ئىچىدە ساقلىنىۋاتقان دۆلەت بويىچە 1 - دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقى بۇيۇمى 672 دانە.

نى يۇشىن

## شىنجاڭدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ئاسار ئەتىقىلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1999 - يىلى دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق، شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى ئالدىنقى يېرىم يىلدا يۇقىرىغا يوللىغان لوپنۇر ناھىيىسىدىكى گازارما قەبرىستانلىقى، قاشلىقتىكى ھەسەنيار قەبرىستانلىقى، يەكەندىكى كاچۇڭ قەبرىستانلىقى، قۇمۇلدىكى قارادۆۋە، ئەسكىشەھەر قەبرىستانلىقىنى قۇتقۇزۇپ قېزىش خاراكتېرلىك تەرتىپكە سالدى ۋە قازدى، بۇنىڭ ئىچىدە گازارما قەبرىستانلىقىنى قېزىشنىڭ ئۈنۈمى زور بولدى. خەن، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىگە ئائىت بىر تۈركۈم مۇھىم مىراسلار قېزىۋېلىندى، بۇلار پىشامشان، قۇرۇقتاغ ئېلى تارىخىنى ھەمدە غەربىي يۇرت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن زور قىممەتكە ئىگە. 10 - ئايدا خەن دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى ئىزدەش مەقسەت قىلىنغان بۇگۇردىكى قەدىمكى شەھەر خارابىلىكىنى تەكشۈرۈش رەسمىي باشلاندى.

ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ماتېرىياللىرىنى رەتلەش جەھەتتە، باي ناھىيىسى قىزىل سۇ ئامبىرى رايونىدىكى قەبرىلەرنى 1990 — 1991 - يىللىرىدىكى قېزىش ماتېرىيالى، لوپ سامپۇل قەبرىستانلىقىنى 1992 - يىلدىكى قېزىش ماتېرىيالى، 1995 - يىلى لوپنۇر ناھىيىسىدىكى گازارما قەبرىستانلىقىنى قېزىش، شىخەنزە شەھىرى نەنشەن فېرمىسىدىكى قەبرىستانلىق، فۇكاڭ شەھىرى سەنگۇڭ يېزىسىدىكى شىدۇي قەبرىستانلىقى، خېجىڭ ناھىيىسىدىكى بەلچىر قەبرىستانلىقىنى قېزىش ماتېرىيالى، قۇمۇلدىكى ساقا ئاراتام قەبرىستانلىقىنى قېزىش ماتېرىيالىنى رەتلەش پىلان بويىچە ئورۇندالدى. چەت ئەل بىلەن ھەمكارلاشقان جۇڭگو - فرانسىيە بىرلىكتە كېرىيىنى تەكشۈرۈش ماتېرىيالى، جۇڭگو - ياپونىيە بىرلىكتە نىيىنى تەكشۈرۈش ماتېرىيالى رەتلىنىۋاتىدۇ. ئاستانىنى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ماتېرىيالى ئومۇمىيۈزلۈك رەتلىنىشكە باشلىدى.

ئارخېئولوگىيىلىك پەن تەتقىقات ساھەسىدە، چوڭ تىپتىكى دوكلات «شىنجاڭ چاۋخۇتى»، «جۇڭگو - ياپونىيىلەرنىڭ نىيە خارابىلىكى ئۈستىدىكى ئىلمىي دوكلاتى» (2 - توم)، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قەدىمكى ئىزنالىرى»، چوڭ تىپتىكى خەرىتىلەر توپلىمى ۋە «يارغول قەدىمكى شەھىرىنى قوغداش ۋە ئۇ ھەقتىكى تەتقىقات» رەسمىي نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى، بىر يىلدا ئاسار ئەتىقىلەرگە دائىر 60 پارچىدىن ئارتۇق قىسقا خەۋەر، دوكلات، ماقالە ئېلان

قىلىندى.

شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ـ ئارخېئولوگىيە ئورنى بىلەن شىنجاڭ مۇزېيى 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئۆتكۈزگەن شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقى، ئارخېئولوگىيە نەتىجىلىرى كۆرگەزمىسى ئاپتونوم رايون ئىچى ـ سىرتىدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 50 يىلدىن بۇياقى مەدەنىيەت يادىكارلىقى، ئارخېئولوگىيە خىزمىتى نەتىجىلىرى ۋە مۇساپىسىنى نامايان قىلىپ، ناھايىتى ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

ئىدرىس، ئابدۇرروسۇل، جاڭ يۇجۇڭ، يۈ جىيۇڭ

## قۇمۇل ۋاڭلىرى قەبرىستانلىقىنى رېمونت قىلىش خىزمىتى باشلاندى

قۇمۇل ۋاڭلىرى قەبرىستانلىقى — قۇمۇلنىڭ 7 ـ ئەۋلاد ۋاڭى — بېشىرنىڭ گۈمبىزىنى رېمونت قىلىش خىزمىتى 1999 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك باشلاندى. 7 ـ ئەۋلاد ۋاڭ بېشىرنىڭ قەبرىستانلىقى 120 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە، تەبىئىي ئامىللار ۋە باشقا ئامىللارنىڭ بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلىدىن، ئەسلىدىكى قۇرۇلۇشنىڭ سىرتىغا چاپلانغان سىرلىق كاھىشلارنىڭ سىرى ئۆچۈپ كەتكەن، بەزى كاھىشلار ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغان، كۆپ قىسىم خىشلارنىڭ ئۇل قاتلىمى بوشاپ، كۆپۈپ كەتكەن. رېمونت خىزمىتىدە يۇقىرىقى ئەھۋاللار رېمونت قىلىنغاندىن تاشقىرى، گۈمبەزنىڭ چوققىسىدىكى كۆككۆزە بىلەن 4 بولۇڭدىكى مۇنارلارمۇ ئەسلى ھالىتىگە كەلتۈرۈلمەكچى.

نى يۈشىن

## كروران خارابىلىكىنى ئاسراش ئەھۋالى

بېيجىڭ، شىنجاڭلاردىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تارماقلىرى بىرلىكتە تەشكىللىگەن 20 كىشىلىك قۇرۇلۇش تېخنىكا قوشۇنى كروران خارابىلىكىگە كىرىپ، 1999 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىن 24 ـ كۈنىگىچە دۇنياغا مەشھۇر كروران خارابىلىكىدىكى نامايانىدە قۇرۇلۇش «ئۈچ ئېغىز ئۆي» ۋە «بۇددا مۇنارى» نىڭ قالدۇق قىسىملىرىنى مۇستەھكەملىدى.

كروران خارابىلىكى بايىنغولىن ئوبلاستى كۆنچى دەرياسى كونا قىنىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىدىكى دېلتىنىڭ جەنۇبىغا، لوپنۇر كۆلىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقان بولۇپ، كورلا شەھىرى بىلەن بولغان ئەڭ يېقىن ئارىلىقى 340 كىلومېتىر كېلىدۇ. خارابىلىكنىڭ كۆلىمى 10 مىڭ 800 كۋادرات مېتىر، يەر يۈزىدىكى ئاساسلىق قالدۇق قۇرۇلۇشلاردىن بۇددا مۇنارى، 3 ئېغىز ئۆي، سېپىل، ئىپتىدائىي ھويلا قاتارلىقلار بار. ئۇ، دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنى ۋە 1 ـ خىلدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا دائىر چەكلەنگەن رايون. بۇ قېتىم رېمونت قىلىنىدىغان ئاساسلىق قۇرۇلۇشلار «ئۈچ ئېغىز ئۆي» ۋە «بۇددا مۇنارى» بولۇپ، بۇلار ئەينى چاغدا يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ تۇرالغۇسى ۋە نەزىر ـ چىراغ سورۇنى ئىدى.

نى يۈشىن

## شىنجاڭ يىپەك يولىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نادىر بۇيۇملىرى كۆرگەزمىسى بېيجىڭدا ئېچىلدى

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى باشچىلىق قىلغان، مەدەنىيەت نازارىتى، ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى، ش ئۇ ئا ر مۇزېيى، شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە ئورنى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە ئورنى، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئارخېئولوگىيە فاكۇلتېتى، بېيجىڭ جۇڭگو خەۋەرلىرى مەدەنىيەت ئىشلىرى تەرەققىيات شىركىتى ھەمكارلىشىپ ئۇيۇشتۇرغان جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ گۆھىرى بولغان شىنجاڭ يىپەك يولىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نادىر بۇيۇملىرى كۆرگەزمىسى 1999 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىدىن 7 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىگىچە بېيجىڭدىكى جۇڭگو ئىنقىلابىي مۇزېيىنىڭ مەركىزىي چوڭ زالىدا ئۆتكۈزۈلدى. بېيجىڭدا كۆرگەزمە قىلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى 300 دىن ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز كەم 1000 يىلدىن بۇيان جۇڭگودا مۇھىم، زور ئاسار ئەتىقە بايقالغان 10 چوڭ ئورۇننىڭ بىرى دەپ باھالانغان نىيە خارابىلىكىدىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، گازارما قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ھەمدە سىپتا، كۆركەم يىپەك، يۇڭ توقۇلمىلار، قەدىمكى جەسەت، خەت ـ چەكلەر، ئالتۇن ـ كۈمۈش قاچىلار، ساپال قاچىلار، مىس قاچا قاتارلىقلار بار.

نى يۈشىن

## «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» نەشر قىلىندى

ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى، شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ـ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى، ش ئۇ ئا ر مۇزېيى، شىنتىيەن خەلقئارا ئىقتىساد ـ تېخنىكا ھەمكارلىقى چەكلىك شىركىتى بىرلىكتە تۈزگەن «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى تەرىپىدىن 1999 ـ يىل 8 ـ ئايدا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. بۇ كىتابقا شىنجاڭ تەۋەسىدىكى كۇئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكى، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكى ۋە شىمالىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ئاسار

ئەتىقىلەر كىرگۈزۈلگەن، بۇنىڭ ئىچىدە مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغدايدىغان 14 ئورۇندىكى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغدايدىغان 239 ئورۇندىكى ئارخېئولوگىيىلىك خارابە، مەدەنىيەت يادىكارلىقى ھەمدە 100 پارچىدىن ئارتۇق ئالاقىدار سۈرەت، 12 پارچە مەخسۇس تېمىدىكى تەتقىقات ماقالىسى بار. بۇنىڭ ئىچىدىكى قىسمەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى يېقىنقى يىللاردىكى ئەڭ يېڭى ئارخېئولوگىيىلىك بايقالمىلاردىن ئىبارەت.

نى يۈشىن

## «جۇڭگو مۇزىكا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى سىستېمىسى. شىنجاڭ تومى» مۇكاپاتقا ئېرىشتى

جۇڭگو سەنئەت تەتقىقات ئاكادېمىيىسىنىڭ سەنئەت تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ كۇسەن تاش غارلىرى تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ سەنئەت تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ مۇزېيى بىرلىكتە تۈزگەن «جۇڭگو مۇزىكا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى سىستېمىسى. شىنجاڭ تومى» 1999 - يىل 12 - ئاينىڭ 6 - كۈنى دۆلەت ئاخبارات - نەشرىيات مەھكىمىسى ئۆتكۈزگەن 4 - نۆۋەتلىك دۆلەتلىك كىتاب باھالاش - مۇكاپاتلاشتا دۆلەتلىك كىتاب مۇكاپاتلاش بويىچە ئەڭ ئالىي مۇكاپات «دۆلەتلىك كىتاب مۇكاپاتى بويىچە شەرەپ مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى.

نى يۈشىن

## بې كۇشىڭ ۋە جى زېيۇلەر يىپەك يولىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خارابىلىرىنى تەكشۈردى

ب د ت پەن - مائارىپ - مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى بې كۇشىڭ بىلەن ياپونىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى جى زېيۇ ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى 1999 - يىل 5 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە جىمساردىكى بېشبالىق قەدىمكى شەھىرى، ش ئۇ ئا ر مۇزېيى، تۇرپان ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرى، ئاستانا قەبرىستانلىقى، بېزەكلىك مىڭئۆيى، يارغول قەدىمكى شەھىرى، كورلىدىكى مىڭئۆي خارابىلىكى، سۇ بېشى قەدىمكى شەھىرى، باش ئەگىم خارابىلىكى، كۇچادىكى قۇمتۇرا مىڭئۆيى، بايدىكى قىزىل مىڭئۆيگە بېرىپ، يىپەك يولىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقى خارابىلىرىنى تەكشۈردى. بۇ قېتىملىق تەكشۈرۈشتىن مەقسەت 2000 - يىلى قۇمتۇرا مىڭئۆيگە 2 مىليون 500 مىڭ دوللارلىق مەبلەغ سېلىپ رېمونت قىلىش ئىشىنى تەكشۈرۈپ دەلىللەشتىن ئىبارەت.

نى يۈشىن

## شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقى، ئارخېئولوگىيە نەتىجىلىرى كۆرگەزمىسى

مەدەنىيەت نازارىتى، ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى، ش ئۇ ئا ر مۇزېيى، شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى بىرلىكتە 1999 - يىل 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقى، ئارخېئولوگىيە نەتىجىلىرى كۆرگەزمىسى ئاچتى. كۆرگەزمىگە قويۇلغان بۇيۇم 200 خىلدىن ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 70% كۆرگەزمە بۇيۇمى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان زور ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلاردا تېپىلغان قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدۇر. «بەش يۇلتۇزنىڭ شەرقتىن چىقىشى جۇڭگوغا پايدىلىق» ناملىق كىمخاپ جەينەكلىك، «ئالتۇن كۆلچەك سۈمۈرغى» ناملىق كىمخاپ خالتا، ياغاچتىن ئويۇلغان بۇت، ياغاچ تەگلىك غوڭقا، ئەينەك رومكا، بۆرە ئىزناسى چۈشۈرۈلۈپ ياغاچتىن ئويۇلغان قۇتا، ئاق قاشتېشى پالتا، قىزنىڭ ياغاچ ھەيكىلى، شىر ئوبرازى چۈشۈرۈلگەن رەڭدار گىلەم، يىپەك بىلىق ۋە يولۋاس نەقىشلەنگەن خالتا قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تۇنجى قېتىم كۆرگەزمە قىلىندى.

نى يۈشىن

## غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ شەھەر ئىزناسى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈلدى

شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدىكى كەسپىي خادىملار 1999 - يىل 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 10 - ئاينىڭ 23 - كۈنىگىچە دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى چۈشۈرگەن غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ شەھەر ئىزناسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئىشلىدى. تەكشۈرۈلگەن رايون بۇگۇر ناھىيىسىنىڭ شەرقىدە بولۇپ، چېدىر يېزىسىنى مەركەز قىلغان. شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 50 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى تەخمىنەن 40 كىلومېتىردىن ئارتۇقراق كېلىدىغان دائىرە ئىچىدە بولدى. تەكشۈرۈش نىشانى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 59 - يىلى خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا تەسىس قىلغان قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى باشقۇرۇشىدىكى زېمىن ئۆرلى شەھىرىنى ئىزدەپ تېپىش بولدى. ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش رايونى ئىچىدىكى 5 جايدا شەھەر خارابىلىكى بايقالدى، بۇنىڭ ئىچىدە ۋۇلىپاڭ شەھىرى خارابىلىكى بىلەن ئاقئېرىق خارابىلىكى خەن دەۋرىگە مەنسۇپ ياكى خەن دەۋرىگە ئائىت قالدۇق بۇيۇملار



لوپنۇر ناھىيىسىدىكى گارارما يۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىلىكى
لىۇ يۇشېڭ فوتوسى

تېپىلغان خارابىلىكتۇر. ئاقتېرىق خارابىلىكىدىكى بىر جايدىن كۆلىمى ناھايىتى زور خومدان ئىزى تېپىلدى. باشقا 3 ئورۇندىكى شەھەر خارابىلىكى تاڭ دەۋرىگە ياكى ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەرگە مەنسۇپ قالدۇق خارابىلىكلەردۇر. چېدىر يېزىسىنىڭ تەخمىنەن 40 نەچچە كىلومېتىر جەنۇبىدىكى چۆلدە خەن دەۋرىگە مەنسۇپ ساپال پارچىلىرى ۋە خومدان داشقاللىرى قاتارلىق قالدۇق بۇيۇملار بايقالدى.

ياڭ يىيۇڭ

## يەكەن ناھىيىسىدىكى چامساق قەبرىستانلىقى

شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى، يەكەن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى بىرلىكتە 1999 - يىل 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 21 - كۈنىگىچە يەكەن ناھىيىسىدىكى چامساق قەبرىستانلىقىنى تەكشۈردى.

بۇ قەبرىستانلىق يەكەن ناھىيىسى كاچۇڭ يېزا لەڭگەر كەنتىنىڭ شەرقىدىكى دۆمبەل ئۈستىدە بولۇپ، 80 دىن ئارتۇق قەبرە بار. بۇنىڭ ئىچىدىكى 4 قەبرە قېزىلدى. قەبرىلەرگە دۆۋىلەنگەن توپىلار 3 خىل شەكىل ۋە تۈزۈلمىگە ئىگە، يەنى تاش دۆۋىلەنگىنى؛ تەكشى يۈزى يۇمىلاق شەكىلدە، كەسمە يۈزى يېرىم كونۇسسىمان شەكىلدە، چۆل توپىسى بىلەن دەريا شېغىلى دۆۋىلىنىپ چوڭ قەبرە توپىسى شەكىللەندۈرۈلگەن؛ يۇمىلاق كۆتۈرمە ياسالغان، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى توپا دۆۋىسى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن.

M1. قەبرە توپىسى دەريا شېغىلىنى دۆۋىلەش ئارقىلىق ھاسىل قىلىنغان بولۇپ، يۇمىلاق شەكىلدە، ئېگىزلىكى 25 سانتىمېتىر. يۇمىلاق بورجەكتىن تىك تۆت بولۇڭ شەكىلدە لەھەت كولانغان. لەھەتنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2.1 مېتىر، كەڭلىكى 0.7 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 0.7 مېتىر كېلىدۇ. ئۇ دەريا شېغىلى ۋە سېرىق توپا بىلەن تىندۇرۇلغان. گۆر ئاغزى ھەمدە گۆر تېگىگە تاختاي قويۇلغان. گۆردە قۇرامىغا يەتكەن بىر ئادەمنىڭ ئىسكىلىتى بار، ئۇ پۇت - قولى تۈز قىلىپ ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇلغان، بېشى شەرققە، پۇتى غەربكە، يۈزى ئاسمانغا قارىتىلغان. بىللە كۆمۈلگەن بۇيۇملار يوق.

M3. يۇمىلاق كونۇسسىمان توپا دۆۋىلەنگەن، دۆۋىلەنگەن توپىنىڭ ئوتتۇرىسى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، توپا دۆۋىسى دەريا شېغىلى ۋە چۆل توپىسىنى دۆۋىلەشتىن ھاسىل قىلىنغان، توپا دۆۋىسىنىڭ دىئامېتىرى 7.8 مېتىر، ئېگىزلىكى 0.9 مېتىر. لەھەت تىك تۆت بولۇڭ شەكىلدە تىك كولانغان، لەھەتنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2.45 مېتىر، كەڭلىكى 1.4 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 1.4 مېتىر، سېرىق توپا بىلەن تىندۇرۇلغان. لەھەتنىڭ ئاغزىغا ۋە ئوتتۇرا قىسمىغا قول - پۇتى ئوخشىمايدىغان، 2 - قېتىم دەپنە قىلىنغان ئىسكىلىتنىڭ پۇت - قولى قويۇلغان. گۆر ئاستىدا قۇرامىغا يەتكەن بىر ئادەمنىڭ ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇلغان ئىسكىلىتى بار. بېشى شەرققە، پۇتى غەربكە، يۈزى ئاسمانغا قارىتىلغان. بىللە كۆمۈلگەن بۇيۇملار يوق.

M4. يۇمىلاق كونۇسسىمان توپا دۆۋىلەنگەن، توپا دۆۋىسىنىڭ ئوتتۇرىسى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، توپا دۆۋىسى دەريا شېغىلى بىلەن چۆل توپىسىدىن شەكىللەنگەن. دىئامېتىرى 14.1 مېتىر، ئېگىزلىكى 1.55 مېتىر. توپا دۆۋىسىنىڭ ئاستىدىن 2 - قېتىم دەپنە قىلىنغان پۇت - قول سۆڭىكى ۋە 3 پارچە ساپال پارچىسى تېپىلدى. لەھەت تىك تۆت بولۇڭ شەكىلدە تىك كولانغان، لەھەتنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1.8 مېتىر، كەڭلىكى 1.1 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 1.8 مېتىر، لەھەتتە بىللە كۆمۈلگەن بۇيۇملار ۋە سۆڭەك يوق.

M5. يەر يۈزىدە ئېگىزلىكى 10 سانتىمېتىرچە كېلىدىغان قورۇق توپا بار. ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن لەھەت ئازگىلى بار. قورۇق توپىنىڭ دىئامېتىرى 2.5 مېتىر كېلىدۇ.

لەھەت چاسا شەكىلدە تىك كولانغان. لەھەتنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1.5 مېتىر، كەڭلىكى 1.25 مېتىر كېلىدۇ. گۆر ئاستىغا تاختاي قويۇلغان، قۇرامىغا يەتكەن 2 ئادەم ۋە 2 بالىنىڭ 2 ـ قېتىم دەپنە قىلىنغان جەسەت سۆڭىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بىللە كۆمۈلگەن بۇيۇملار يوق.

قەبرىستانلىقتىكى گۆرلەرنىڭ يەر ئۈستىدىكى توپا دۆۋىلىرى بىر قەدەر ياخشى ساقلانغان ۋە خېلى ئېگىز بولسىمۇ، لېكىن لەھەت ئىچىدە ھېچقانداق بىللە كۆمۈلگەن بۇيۇملار يوق. بۇ قەبرىستانلىقنىڭ يىل ـ دەۋرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە مەلۇم قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. بىراق قەبرىلەرنىڭ ياسىلىشى، دەپنە قىلىش شەكلى ۋە ئادىتىدىن قارىغاندا قەبرىستانلىقنىڭ دەۋرى مىلادىيە VIII ۋە IX ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ.

جالاڭ تېيىندىن

## لوپنۇر ناھىيىسىدىكى گازارما قەبرىستانلىقى

شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىقات ئورنى 1999 ـ يىل 10 ـ ئايدىن 11 ـ ئايغىچە لوپنۇر ناھىيىسىدىكى گازارما قەبرىستانلىقىنى ئارخېئولوگىيىلىك قازدى. بۇ قەبرىستانلىق لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ 150 كىلومېتىر شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان، جەنۇبى كۆنچى دەرياسىنىڭ قۇرۇپ كەتكەن قىنىغا تەخمىنەن 5 كىلومېتىر كېلىدۇ. قەبرىلەر قۇرۇقتاغنىڭ كونگەي تەرىپىدىكى جەنۇبىي گىرۋەكنىڭ شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 1000 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 150 مېتىر كېلىدىغان دائىرىسىگە تارقالغان. قەبرىستانلىقتىكى گۆرلەر ئېغىر دەرىجىدە ئوغرىلانغان. بۇ قېتىم ئوغرىلانمىغان 80 گۆر بايقالدى ۋە قېزىلدى.

گۆرلەر تىك تۆت بۇلۇڭ شەكىلدە كولانغان تىك گۆر ۋە يان گۆردىن ئىبارەت 2 خىل شەكىلدە ئۇچرايدۇ. تىك گۆرلەرگە كۆپىرەك توغراقتىن ياسالغان ئوقۇر شەكىللىك جەسەت ساندۇقى، 4 پۇتلۇق ساندۇق شەكىللىك جەسەت ساندۇقى قويۇلغان، جەسەت ساندۇقى ئىچىگە جەسەت سېلىنغان. قىسمەن جەسەت ساندۇقلىرىنىڭ سىرتىغا رەڭدار نەقىشلەر سىزىلغان. يان گۆرلەردە دەپنە سايمانلىرى يوق. ئۆلگەنلەر كىگىز، كىگىزلەرگە ئوراپ دەپنە قىلىنغان.

گۆرلەرگە يالغۇز ئادەمنى دەپنە قىلىش ئاساس قىلىنغان، 2، 3 ئادەم دەپنە قىلىنغانلىرىمۇ بار. دەپنە شەكلىدە ئوڭدىسىغا، پۇت ـ قولى ئۇز قىلىنىپ، بېشى شەرققە ياكى شەرقىي شىمالغا قارىتىلىپ ياتقۇزۇلغان. جەسەتلەرنىڭ يۈزى رەخت، يىپەكلەر بىلەن يېپىلغان. بىللە كۆمۈلگەن بۇيۇملاردىن سوغا، خۇمرا، قاچا، سىرلانغان پەرداز قۇتىسى، ساپال ئىدىش، چىغ پەتنۇس، مىس ئەينەك، تۆمۈر پىچاق، قايچا قاتارلىقلار بار. بۇلاردىن باشقا يەنە كىيىم ـ كېچەك ۋە زىبۇ زىننەتكە ئىشلىتىلىدىغان خېلى كۆپ توقۇلما بۇيۇملار بار.

گازارما قەبرىستانلىقى بىلەن گازارما قەدىمكى شەھىرى، بۇددا ئىبادەتخانىسى گازارما كەنتى خارابىلىكىنىڭ مۇھىم تەشكىلىي قىسمىغا مەنسۇپ. قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن قارىغاندا، بۇ كەنت ئىزناسىنىڭ دەۋرى خەن ـ جىن سۇلالىلىرى دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ.

لى ۋېنيىڭ

## چولۇق ھەسەنيار قەبرىستانلىقى

شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ـ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى، قاغىلىق ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى بىرلىكتە 1999 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىدىن 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىگىچە قاغىلىق ناھىيىسىدىكى چولۇق ھەسەنيار قەبرىستانلىقىنى ئارخېئولوگىيىلىك قازدى.

بۇ قەبرىستانلىق قاغىلىق ناھىيىسى زوڭلاڭ يېزىسىدىكى ھەسەنيار كەنتىنىڭ غەربىدىكى تۆپىلىككە جايلاشقان، بۇ يەردە 10 گۆر قېزىلدى. يەر يۈزىدە شېغىل تاشلاردىن ھاسىل قىلىنغان قەبرە تۆپىسى بار. بۇنىڭ ئىچىدە M7، M8 نومۇرلۇق گۆرلەرنىڭ يەر يۈزىدە تاش دۆۋىلىرى بار، لەھەت يوق. M3 نومۇرلۇق گۆرنىڭ ياسىلىشى قىڭراقتا ئوخشاپ كېتىدۇ. قىڭراقنىڭ دەستىسى شام گۆرگە ئوخشايدۇ. شام گۆر بولسا يانتۇ تۆپىلىككە ئوخشاپ قالىدۇ. ئىچىگە كۆپلەپ شېغىل تاش تولدۇرۇلغان، لەھەت تىك تۆت بولۇڭ شەكلىدە كولانغان، گۆر ئاستىدىن 2 ـ قېتىم دەپنە قىلىنغان، ئايرىم ـ ئايرىم قويۇلغان 10 نەچچە ئادەمنىڭ سۆڭىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياشنىڭ ھەممىسى بار. بىللە كۆمۈلگەن بۇيۇملاردىن بىر ساپال ئىدىش، بىر قانچە مەرۋايىت زىبۇ زىننەت ھەمدە قوي سۆڭىكى قاتارلىقلار بار. M6 نومۇرلۇق گۆردە ئافزى كىچىك، تەكتى چوڭ بىر لەھەت بار، ئۇنىڭدا بىر ئەر، بىر ئايال ئوڭدىسىغا، پۇت ـ قولى تۈز قىلىنىپ، بېشى جەنۇبقا، پۇتى شىمالغا، يۈزى بىر ـ بىرىگە قارىتىپ ياتقۇزۇلغان. باش تەرىپىگە بىللە كۆمۈلگەن بۇيۇمدىن بىر ساپال ئىدىش قويۇلغان. باشقا گۆرلەر تىك گۆر بولۇپ بىرلا جەسەت دەپنە قىلىنغان، بىللە كۆمۈلگەن بۇيۇم يوق. M10 نومۇرلۇق گۆرگە بېشى شەرققە، پۇتى غەربكە قارىتىلغان، بەدىنى سەل ئىگىلىپ قالغان كىچىك بالا قويۇلغاندىن باشقا، قالغان گۆرلەرنىڭ ھەممىسىدە بېشى

جەنۇبقا، يۈزىنى شىمالغا قارىتىپ، جەسەتنى ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇپ، پۇت - قولىنى تۈز قىلىپ دەپنە قىلىش شەكلى قوللىنىلغان. گۆرنىڭ ياسىلىشى ھەمدە دەپنە شەكلى ۋە دەپنە ئادىتىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ دەۋرى مىلادىيە VI ~ VII ئەسىرلەر ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ.

جاڭ تيېنەن

## قۇمۇل ئەسكىشەھەر قەبرىستانلىقى

ئەسكىشەھەر قەبرىستانلىقى قۇمۇل شەھىرىنىڭ تەخمىنەن 100 كىلومېتىر غەربىي جەنۇبىدىكى يارداڭلىقتا جايلاشقان. شەرقىي شىمالغا تەخمىنەن 30 كىلومېتىر ماڭسىڭىز قارادۆۋە يېزىسىغا بارغىلى بولىدۇ. گۆرلەر ئۇزۇنلۇقى 90 مېتىر، كەڭلىكى 15 مېتىر ئەتراپىدىكى قۇم دۆڭلۈكتە بولۇپ، 30 دىن كۆپرەك قەدىمكى قەبرە بار، لېكىن ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئوغرىلانغان. 1999 - يىل 11 - ئايدا شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى - گېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى مەزكۇر قەبرىستانلىقنى قۇتقۇزۇش خاراكتېرلىك قازدى. 5 گۆرنى قازدى، ئوغرىلانغان 27 گۆرنى تازىلىدى، 100 خىلدىن كۆپرەك ھەرخىل مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى تاپتى. گۆرلەرنىڭ ياسىلىشى ئاساسەن تىك گۆر ۋە تىك 2 قەۋەتلىك سۇپىلىق گۆر دەپ 2 خىلغا ئايرىلىدۇ. 2 قەۋەتلىك سۇپىلىق گۆر توغراق شېخى بىلەن يېپىلغان، شاخ ئۈستى بورا، كېسەك، شېغىل بىلەن يېپىلغان. گۆرلەرنىڭ تەكشى يۈزى ئېللىپس شەكلىدە ياكى تىك تۆت بولۇڭ شەكلىدە. مېيىتلەر بىر قېتىملا دەپنە قىلىنغان، يانچە ياتقۇزۇلغان، پۇت - قوللىرى ئىگىلىپ تۇرىدۇ، بېشى شەرقىي شىمالغا ياكى غەربىي شىمالغا قارىتىلغان، بىرلا كىشىنى دەپنە قىلىش ئاساس قىلىنغان.

مېيىتنىڭ بېشى يۇڭ رەخت بىلەن ئورالغان، يۈزى قوي تېرىسىدا يېپىپ قويۇلغان، 2 تال چىچى تاراپ قويۇلغان. ئۈچىسىغا يۇڭ رەختتىن تىكىلگەن كىيىم كىيدۈرۈلگەن، بېلىگە يۇڭ پوتا باغلانغان، پۇتىغا تېرە پايپاق، ئۆتۈك كىيدۈرۈلگەن. جەسەت جۇۋا بىلەن ئورالغان. بىللە كۆمۈلگەن ئاخىرەتلىك بۇيۇملارمۇ بار، باش سۆڭىكىنى تېشىپ دەپنە قىلىش ئادىتى بار. بىللە كۆمۈلگەن بۇيۇملار بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭ تۈرلىرى يۇڭ توقۇلمىلار، تېرىدىن ئىشلەنگەن بۇيۇملار، ساپال، مىس، ياغاچ، سۆڭەك، تاش قوراللار ھەمدە قوتۇرماچ، قوي سۆڭىكى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت، يۇڭ توقۇلما بۇيۇملار ۋە تېرىدىن ئىشلەنگەن بۇيۇملار ئاساس قىلىنغان، بۇلار ئاساسەن كىيىم - كېچەك ۋە زىبۇ زىننەت قىلىنغان. ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنىڭ كۆپىنچىسى مېيىتنىڭ يېنىغا قويۇلغان، بۇنىڭ ئىچىدە رەڭدار ساپال چۆگۈن، ساپال ئىدىش، سوغا، ياغاچ رومكا، ياغاچ تافاق، سۆڭەك تافاق، سۆڭەك چاق، مىس پىچاق، بىلەي قاتارلىقلار بار. ساپال قاچىلار قولدا ياسالغان، سىيداملىرى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. رەڭدارلىرى تېگى قىزىل، ئۈستى قارا بولۇپ، 3 بۇرجەكلىك، تىك ھەمدە «S» شەكىللىك سىزىقچىلار بار. گۆرلەرنىڭ شەكلى ۋە تۈزۈلۈشىدىن ۋە مەدەنىيەتنىڭ ئىچكى مەنىسىدىن تەھلىل قىلغاندا، ئۇنىڭ دەۋرى تەخمىنەن 3000 يىللار ئىلگىرىكى ۋاقىتلارغا توغرا كېلىدۇ.

جۇ جىنلىڭ

## XX ئەسىردىكى زور بايقاش — ئاغى 1 - نومۇرلۇق تاش غار

1999 - يىل 4 - ئايدا كۇچا ناھىيىسىنىڭ 70 كىلومېتىر شىمالىدىكى ئاغى يېزىسى يېنىدا، مايتاغ - كۇچا تاشيولىغا 1.3 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى قىزىليار تار سېيىدا يېڭى تاش غار بايقالدى. بۇ يېڭى تاش غار سايدىن 40 نەچچە مېتىر ئېگىز جايدا بولۇپ، ئۇنىڭغا يۇمشاق شوتا ئارقىلىق چىقىشقا توغرا كېلىدۇ، ئۆڭكۈر ئاغزى ناھايىتى كىچىك بولغاچقا، ئۇنىڭغا كىرىشتە باشنى، بەلنى ئېگىپ ئېڭىشىشكە توغرا كېلىدۇ. ئۆڭكۈر ئىچىگە 10 لا ئادەم سىغىدۇ.

تاش ئۆڭكۈر تۆت چاسا، تەكشى يۈزلۈك، ئەگمە تورۇسلۇق بولۇپ، شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 4.6 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 3.4 مېتىر. مەركىزىدە مۇنبەر ئۇلى بار، تاش غار تاشلىۋېتىلگەندىن كېيىن، سۇنىڭ يۇيۇپ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىغان، ھەيكەللەرنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. 3 تامدىكى تام رەسىملىرىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى ۋەيران قىلىۋېتىلگەن، بىر قىسىم بودىساتۋالارنىڭ كۆزلىرى ئويۇۋېتىلگەن.

تاش غارنىڭ ئۇدۇل تېمىغا نومىنىڭ رەسىمى سىزىلغان، ئوڭ - سول تەرىپىگە «16 بۇتخانا» نىڭ رەسىمى سىزىلغان بولۇپ، ئوردا ئۆلىمالىرى شەكلىدىكى بىر يۈگەلمە رەسىم ھاسىل قىلىنغان. نوم رەسىملىرىنىڭ مەركىزى مۇكەممەل ساقلانغان، ئوتتۇرىسىدا ئامىتابا ۋە شەپقەتچى مەبۇدە بار، ئومۇمىي ئەھۋالدا بودىساتۋا، «غەربنىڭ ئۈچ دەستۇرى»، تۆۋەن تەرەپتە سالاسۇن سۇپىسى، يۇقىرى تەرەپتە بىر پارچە بۇلۇت، پەرىزات ۋە غوڭقا، قالۇن (قەدىمكى 7 تارلىق چالغۇ ئەسۋابى)، پىپا، رۇەنشيەن (چالغۇ ئەسۋابى)، بالىمان، بىر قانچە خىل دۇمباق قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرى بار. سالاسۇن سۇپىسىنىڭ تۆۋىنىدە گۆھەر كۆل، قاشتېشى كۆۋرۈك، سول تەرەپتە بىر گۈرۈپپا ئوركېستىر بار، بەل دۇمبىقى ۋە چاتما نەيلەرنى ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولىدۇ، ئوڭ تەرەپتە بولسا 3 تەنلىك بودىساتۋا بار. «غەربنىڭ زېمىنىنى

پاكلاشتۇرۇش ئۆزگىرىشى» سەرلەۋھىلىك بۇ رەسىمنىڭ سىزىقلىرى ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن سىپتا ۋە كۆركەم سىزىلغان بولۇپ، دۈنخۇاڭدىكى موگاۋ غارلىرىغا سىزىلغان گۈللەنگەن تاڭ دەۋرى ئەسەرلىرىگە پاكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدىكى ئەسەرلەرگە ئوخشايدۇ. لېكىن مەبۇد ۋە بودساتۋالارنىڭ قول بارماقلىرى يېقىملىق، سىيلىق سىزىلغان بولۇپ، قول ھەرىكىتى نەپىسلىكى بىلەن كىشىنى تەسىرلەندۈرىدۇ، ئىچكى ھېسسىياتنى ئىپادىلەيدۇ، گۈزەللىكتە دۈنخۇاڭ موگاۋ غارىدىكى ئوخشاش رەسىملەرنى بېسىپ چۈشىدۇ.

تاش غارنىڭ ئەگمە تورۇسىدىكى مەبۇدلەرنىڭ رەسىملىرى چۈشۈپ كەتكەن، ھازىر ئېنىق سۈرەتتىن بىر كۋادرات مېتىردەكلا قالغان. ھەربىر مەبۇدنىڭ يېنىدا تاختاي بولۇپ، ئۇنىڭغا غارنى بىنا قىلغۇچىلارنىڭ ئىسمى خەنزۇچە يېزىلغان. غارنىڭ ئوڭ، سول تاملىرىغا ئۆرە تۇرغان بۇت، بودساتۋا، سىرلانغان نۇرلۇق مەبۇد، كەپىدىكى نا مەبۇدلار سىزىلغان. ئوڭ تەرەپتىكى تامغا تېنىگە ئاجايىپ خەتلەر چېكىلگەن بودساتۋا سىزىلغان، رەسىمنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى تاختايغا مۇنداق بېغىشلىما يېزىلغان: «بۇدساتۋا ۋېن شۇشىلى، مەن سى گۋاڭلەن چوڭ ـ كىچىك قېرىنداشلىرىمنىڭ ئەمىنلىكىنى تىلەپ ھۆرمەت بىلەن بۇ بېغىشلىمنى يازدىم»، يەنە تىك تۇرغان باشقا 2 مەبۇدنىڭ يېنىدىكى تاختايلارغا مۇنداق خەنزۇچە خەتلەر يېزىلغان: «ئېتىقادنى پاكلاشتۇرغۇچى مەبۇدنىڭ مۇرىتى كۇ تىڭجۇن ھۆرمەت بىلەن كەپىدىكى نا مەبۇدقا ئاتاپ يازغان»، «ئېتىقادنى پاكلاشتۇرغۇچى مەبۇدنىڭ مۇرىتى كۇ تىڭجۇن ھۆرمەت بىلەن دورىگەر، سىرلانغان نۇرلۇق مەبۇدقا ئاتاپ يازغان».

بۇ يېڭى تاش غارغا ئاقى 1 ـ نومۇرلۇق غار دەپ نام بېرىلدى. بۇ غار مىلادىيە VII ئەسىردە قېزىلغان بولۇپ، كۇسەن بۇددا دىنى مەدەنىيىتى تازا گۈللەنگەن دەۋرنىڭ مەھسۇلى شۇنداقلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ كۇسەنگە تارقىلىپ، كۇسەن بۇددا مەدەنىيىتى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەنلىكىنىڭ جەۋھىرى. ئۇنىڭ بايقىلىشى كۇسەن رايونىدىكى بۇددا دىنى مەدەنىيىتىنى ھەمدە ئېلىمىز تارىخىدىكى مىللەتلەرنىڭ يېقىن ئالاقىسىنى تەتقىق قىلىشتا بىباھە قىممەتكە ۋە ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ شۇنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاپ بەردىكى، قەدىمدىن تارتىپ خەنزۇ مىللىتى غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەر بىلەن مۇشۇ تۇپراقتا كۆپىيىپ، ياشاپ كەلگەن، مۇشۇ زېمىننى بىرلىكتە ئېچىپ گۈللەندۈرگەن.

ۋاڭ جيەنلىن

# ئاممۋى مەدەنىيەت

## ئاممۋى مەدەنىيەت

1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاممۋى سەنئەت سارىيى 16گە، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 404كە؛ مەدەنىيەت سارىيى 92گە، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 1468گە يەتتى؛ مەدەنىيەت پونكىتى 918 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ـ بازارلاردىكى مەدەنىيەت پونكىتى 817، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 1077. بىر يىلدا 983 قېتىم ھەرخىل كۆرگەزمە ئېچىلدى، 3394 قېتىم ئاممۋى ئەدەبىيات ـ سەنئەت پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى، 1820 قېتىم ھەرخىل ئاممۋى سەنئەت كۇرسى ئېچىلىپ، 100 مىڭ ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى.

نى يۈشىن

## يېزا ـ بازار (مەيدان، مەھەللە) مەدەنىيەت پونكىتلىرى باھالىنىپ دەرىجىگە ئايرىلدى

تۇنجى قېتىملىق يېزا، بازار، مەيدان، مەھەللە مەدەنىيەت پونكىتلىرىنى باھالاش خىزمىتى 1999 ـ يىل 3 ـ ئايدا ئاخىرلاشتى. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەت تارماقلىرى 2 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەت پونكىتلىرىنى ئەستايىدىل باھالاپ چىقتى، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك مەدەنىيەت تارماقلىرى ئارىلاپ تەكشۈرۈپ دەلىللىگەندىن كېيىن مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ تەكشۈرۈپ باھالىشىغا يوللىدى، 111 يېزا، بازار، مەيدان، مەھەللە مەدەنىيەت پونكىتى ئاپتونوم رايوننىڭ باھالاش ئۆلچىمىگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مىچۈەن شەھىرى تيېچاڭگۇ بازارلىق مەدەنىيەت مەركىزى قاتارلىق 27 مەدەنىيەت پونكىتى (مەركىزى) «ئالاھىدە دەرىجىلىك مەدەنىيەت پونكىتى» دەپ؛ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى مۇش يېزىلىق مەدەنىيەت پونكىتى قاتارلىق 46 مەدەنىيەت پونكىتى (مەركىزى) «1 ـ دەرىجىلىك مەدەنىيەت پونكىتى» دەپ؛ قورغاس ناھىيىسى ئىچېگاشەن شىبە مىللىي يېزىلىق مەدەنىيەت مەركىزى قاتارلىق 38 مەدەنىيەت مەركىزى «ئۆلچەملىك مەدەنىيەت پونكىتى» دەپ بېكىتىلدى.

نى يۈشىن

## ئىلى ئوبلاستلىق مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ قۇرۇلۇشى پۈتتى

ئىلى ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى ئىلى ئوبلاستىنىڭ مەدەنىيەت كارىدورى قۇرۇلۇشىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن

سالغان ئىلى ئوبلاستلىق مەدەنىيەت پائالىيىتى مەركىزى بىناسى 1999 - يىل 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنى پۈتۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى.

بۇ مەركەزنىڭ قۇرۇلۇشى 1993 - يىلى باشلانغانىدى، قۇرۇلۇش كۆلىمى 3508 كۋادرات مېتىر، سېلىنغان مەبلەغ 5 مىليون 200 مىڭ يۈەن. 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى مەدەنىيەت پائالىيىتى مەركىزىدە ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىق مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۆرگەزمىسى ھەمدە گۈزەل سەنئەت، ھۆسنخەت، فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى.

پاڭ بىن

## بېتيۈننىڭ ھەيكىلى ئۈلۈغچات ناھىيىسىگە ئورنىتىلدى

مەدەنىيەت نازارىتى تەقدىم قىلغان، ئېگىزلىكى 2 مېتىر، كەڭلىكى 2 مېتىر، تەگلىكى 1.5 مېتىر كېلىدىغان، پولات چىڭقىلىق بېتون ماتېرىيالدىن ياسالغان دوختۇر بېتيۈننىڭ ھەيكىلى 1999 - يىل 5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئۈلۈغچات ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا ئورنىتىلدى.

ني يۈشىن

## 99' قىزىياش ئارىلى لوڭقىسى بويىچە ياش - ئۆسمۈر ناخشىچىلار مۇسابىقىسى ئاخىرلاشتى

مەدەنىيەت نازارىتى بىلەن شىنجاڭ ئۆسمۈرلەر سەنئىتى كومىتېتى 1999 - يىل 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 17 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە 99' قىزىياش ئارىلى لوڭقىسى بويىچە ياش - ئۆسمۈر ناخشىچىلار مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. ھەر مىللەتتىن بولغان 278 ياش - ئۆسمۈر ناخشىچىسى مۇسابىقىگە قاتناشتى. چې شياڭ، كاڭ بو باللار گۇرۇپپىسى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ سۇشەن ئۆسمۈرلەر گۇرۇپپىسى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ جېڭ تيەن، ليۇ يۈشيالار ياشلار گۇرۇپپىسى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ني يۈشىن

## 99' «دۇجۇ لوڭقىسى» بويىچە ئەسىر ساداسى چاڭچىلە مەستانىلىرى مۇسابىقىسى

مەدەنىيەت نازارىتى، بىڭتۈەن، شىنجاڭ تاشقى بىرلەشمە دوستلۇق جەمئىيىتى بىرلىكتە 1999 - يىل 12 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە 99' «دۇجۇ لوڭقىسى» بويىچە ئەسىر ساداسى چاڭچىلە مەستانىلىرى مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى، جاۋ ئەيفاڭ قاتارلىق 17 ماھىر چاڭچىلە مەستانىسى مۇكاپاتىغا، لى خۇڭشيا قاتارلىق 46 ماھىر خاتىرە بۇيۇم مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ني يۈشىن

## 99' جۇڭگودا ئىجاد قىلىنغان 10 داڭلىق ناخشىنى مۇكاپاتلاش كېچىلىكى

ش ئۇ ئا ر ئوبيون قويۇشنى باشقۇرۇش مەركىزى، شىنجاڭ سۈنئىي ھەمراھ ئىقتىساد رادىئو ئىستانسىسى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قاتارلىق ئورۇنلار 1999 - يىل 12 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئۈرۈمچىدە 99' جۇڭگودا ئىجاد قىلىنغان داڭلىق 10 خەنزۇچە ناخشىنى مۇكاپاتلاش كېچىلىكى ئۆتكۈزدى. خەن لېي ئورۇندىغان ناخشا — «يەنە بىر شىددەتلىك گۈلدۈرماما» 10 داڭلىق ناخشا مۇكاپاتى بويىچە ئەڭ قارشى ئېلىنغان ئەر ناخشىچى مۇكاپاتىغا؛ لىن يىڭ ئورۇندىغان ناخشا — «بىر جۇڭگو» 10 داڭلىق ناخشا بويىچە ئەڭ قارشى ئېلىنغان ئايال ناخشىچى مۇكاپاتىغا؛ لى شياۋ شۇاڭ ئورۇندىغان ناخشا — «ئەمەلىيەتتە كارىم بار»، خەن خۇڭ (ئايال) ئورۇندىغان ناخشا «بوران چاپقۇندىكى گۈزەللىك»، سەي گوچىڭ ئورۇندىغان ناخشا «ئاجايىپ كىشىلىك ھايات»، جاڭ مى (ئايال) ئورۇندىغان ناخشا «مەن سېنىڭكى»، گو فېڭ ئورۇندىغان ناخشا «تاشلاپ كېتمەن» لەر 10 داڭلىق ناخشا مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. جىن شۆفېڭ ئورۇندىغان ناخشا «دوستلۇق»، ليۇجيې (ئايال) ئورۇندىغان ناخشا «شاد - خورام كېلىمەن»، لياۋ جۇڭ ئورۇندىغان ناخشا «قول تۇتۇشتۇق چۈشىمىزدە» لەر 10 داڭلىق ناخشا بويىچە ئەڭ نادىر ئىجادىيەت ناخشا ماھىرى مۇكاپاتىغا؛ يى فېي (ئايال) ئورۇندىغان ناخشا «مۇھەببەت كۆۋرۈك سالدى چوڭ قورۇقلۇققا» ئەڭ ياخشى يېڭى ئادەم مۇكاپاتىغا؛ خەن شياۋ ئورۇندىغان ناخشا «دەريا - كۆللۈم — ئىپتىخارىمەن» كۆزگە كۆرۈنگەن ئەڭ ياخشى ئەرباب مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ني يۈشىن

## دىڭ جيەن قوشۇمۇش نەي مۇزىكا كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلدى

مەدەنىيەت نازارىتى بىلەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى بىرلىكتە 1999 - يىل 5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئۈرۈمچىدە شەخسنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان دىڭ جيەن قوشۇمۇش نەي مۇزىكا كېچىلىكى ئۆتكۈزدى. دىڭ جيەن چالغان قوشۇمۇش نەي ئەنئەنىۋى مۇزىكا ھېچكىم چېلىپ باقمىغان $\#g^2$ — $d^1$ نەي سادالىرىغا ئىجادىي يوسۇندا چېلىپ شاڭخەي بۈيۈك دۇنيا جىنىس باش شتابى تارقاتقان دۇنيا جىنىس رېكورتى گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى.

ني يۈشىن

## 99' شىنجاڭ باللىرىنىڭ دۆلەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى ۋە ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى شاد - خورام كۈتۈۋېلىش بويىچە ھۆسنخەت مۇسابىقىسى كۆرگەزمىسى ئېچىلدى

بۇ كۆرگەزمىنى مەدەنىيەت نازارىتى بىلەن شىنجاڭ ئۆسمۈرلەر مەدەنىيەت - سەنئەت كومىتېتى 1999 - يىل 9 - ئايدا ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر مىللەتتىن بولغان 1372 ئۆسمۈر ۋە بالا (4 ياشتىن 15 ياشقىچە) مۇسابىقىگە قاتناشتى. ھەرخىل ھۆسنخەت ۋە رەسىم ئەسىرى بولۇپ 2264 پارچە ئەسەر كۆرگەزمىگە قويۇلدى، باھالاش ئارقىلىق بالىلار گۇرۇپپىسى بويىچە 49 بالا 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 98 بالا 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 193 بالا 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ ئۆسمۈرلەر گۇرۇپپىسى بويىچە 25 ئۆسمۈر 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 50 ئۆسمۈر 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 118 ئۆسمۈر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

نى يۇشىن

## مەشھۇر ئىسكىرىپكىچى، پىئانىنوچىلار شىنجاڭغا كېلىپ ماھارەت كۆرسەتتى

ئامېرىكىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان مەشھۇر ئىسكىرىپكىچى لىۋ سىچاڭ، پىئانىنوچى لى شياڭدۇڭلار ش ئۇ ئا ر ئويۇن قويۇش - كۆرگەزمە ئېچىش مەركىزىنىڭ ۋە «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن 1999 - يىل 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئۈرۈمچىدە «كەچلىك گېزىت ساداسى» ئىسكىرىپكا، پىئانىنو تەڭكەش قىلىنغان مەخسۇس مۇزىكا كېچىلىكى ئۆتكۈزدى.

نى يۇشىن

## 2 ئادەم مەملىكەتلىك 9 - نۆۋەتلىك «چولپانلار مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى

مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ئۆتكۈزگەن مەملىكەتلىك 9 - نۆۋەتلىك چولپانلار مۇكاپاتى ۋاسكال مۇزىكا مۇسابىقىسى 1999 - يىل 11 - ئاينىڭ 21 - كۈنى جۇڭچىڭدا ھەل قىلغۇچ مۇسابىقە ئۆتكۈزدى، شىنجاڭلىق ناخشا ماھىرى ۋاڭ جىڭجيې (ئايال، ئۈرۈمچى شەھىرىدىن)، جۇلدىباي (موڭغۇل، بورتالا شەھىرىدىن) لار ئايرىم - ئايرىم مىس مېدالغا ئېرىشتى.

نى يۇشىن

## مەملىكەتلىك 8 - نۆۋەتلىك «چولپانلار مۇكاپاتى» مۇسابىقىسىدە ئاپتونوم رايوندىن مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەر

1999 - يىل 1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ئۆتكۈزگەن مەملىكەتلىك 8 - نۆۋەتلىك «چولپانلار مۇكاپاتى»نى باھالاش پائالىيىتى ئاخىرلاشتى. ئاپتونوم رايون تاللاپ ئەۋەتكەن: جوڭگوچە رەسىم «زېمىن نۇرى» (قاراماي شەھىرىدىن، يېڭ جاۋشياڭ) مىس مېدالغا ئېرىشتى؛ ماي بوياق رەسىم «چۆلدىكى نېفىت» (قاراماي شەھىرىدىن، ۋاڭ شۇفياڭ)، ئويما رەسىم «كۆز» (ئىلى ئوبلاستىدىن، ئابدۇمىجىت، قازاق)، جوڭگوچە رەسىم «تەڭرىتاغ ئۈستىدە ئۆزىدۇ بۇلۇت» (قەشقەر شەھىرىدىن، جاڭ گوچاڭ) لار مۇنەۋۋەر مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ دۆلەت يۈكتىپىنىڭ ھۆسنخەت ئەسىرى «ئوردا ئۆلىمالىرى ھۆسنخېتى» مۇنەۋۋەر مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ گو شىن بىلەن سۇن جىمىننىڭ فوتو سۈرەت ئەسىرى «ھاياتقا مەدھىيە» بىلەن «تۆۋرۈككە تايىنىش» مۇنەۋۋەر مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

نى يۇشىن

## جوڭگو كىچىك يازغۇچىلار مۇسابىقىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشىش ئەھۋالى

جوڭگو ئۆسمۈرلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى باشچىلىق قىلغان، بېيجىڭ دۆلەت تەنتەربىيە ئېلان شىركىتى ھەمكارلاشقان X X1 ئەسىرنى كۈتۈۋېلىش جوڭگو كىچىك يازغۇچىلار ئەدەبىيات مۇسابىقىسى 1999 - يىل 9 - ئايدا بېيجىڭدا ئاياغلاشتى. بىڭتۇەن 132 - تۇەن (مەيدان) ئوتتۇرا مەكتىپىدىكى ئەلىنىڭ ئەسىرى «قەلبىمدە بىر توپ سۆگەت بار» 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ ئالتاي تەجرىبە باشلانغۇچ مەكتىپىدىكى بەي خۇانىڭ ئەسىرى «رەڭلىك موم قەلەمگە باغلانغان تېپىشماق» 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ بورتالا شەھىرى شوڭچېن بازارلىق 2 - ئوتتۇرا مەكتەپتىكى جاڭ لىشياڭنىڭ ئەسىرى «ھوسۇل توشۇش»، شىخەنزە توقۇمىچىلىق فابرىكىسى ئوتتۇرا مەكتىپىدىكى سۇڭ چىڭيىڭنىڭ ئەسىرى «ئاتا مۇھەببىتىنى ئەمدى چۈشەندىم»، شىخەنزە «1 - ئاۋغۇست» يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى باشلانغۇچ مەكتىپىدىكى جاڭ لىنىڭ ئەسىرى «مومام ئۇخلاپ قالدى»، بىڭتۇەن 148 - تۇەن - مەيدان 1 - باشلانغۇچ مەكتىپىدىكى ياڭ لۇڭنىڭ ئەسىرى «قەلب سىزىم» 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. مەدەنىيەت نازارىتىدىكى قاسىم شەخسلەر بويىچە باغۋەنلەر تەشكىللەش مۇكاپاتىغا؛ مەدەنىيەت نازارىتى كوللېكتىپ تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

نى يۇشىن

## ئاپتونوم رايونلۇق ئاممىۋى مەدەنىيەت، گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى ئېچىلدى

مەدەنىيەت نازارىتى بىلەن ش ئۇ ئا ر ئاممىۋى سەنئەت

ساربېي بىرلىكتە 1999 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن ئاپتونوم رايون بويىچە ئاممىۋى مەدەنىيەت، گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزدى. كۆرگەزمىگە ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر مىللەت ئاممىۋى ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمەتچىلىرى ۋە كەڭ گۈزەل سەنئەت ھەۋەسكارلىرى ئىجاد قىلغان گۈزەل سەنئەت ھۆسنخەت نادىر ئەسەرلىرىدىن 250 نەچچە پارچىسى قويۇلدى. جاڭ گوچياڭ قاتارلىق 16 ئادەم ماي بوياق رەسىملەر بويىچە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، چېن خاۋنىڭ ئويما رەسىمى «قۇتلۇق بۇلۇت» ئويما رەسىملەر بويىچە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، دۇڭ يۈگۈي قاتارلىق 3 ئادەم ھۆسنخەت بويىچە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

نى يۈشىن

## خەلقئارا باللار گۈزەل سەنئىتى مۇسابىقىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشىش ئەھۋالى

جۇڭگو باللار ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى 1999 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئۆتكۈزگەن يېڭى ئەسىرنى كۈتۈۋېلىش خەلقئارا باللار گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى مۇسابىقىسى بىر يىل داۋاملىشىپ ئاخىرلاشتى. ئامېرىكا، روسىيە، ياپونىيە، كورېيە، چاۋشيەن قاتارلىق 10 دۆلەتتىكى كىچىك رەسساملارنىڭ 20 مىڭ پارچە ئۆسمۈرلەر گۈزەل سەنئەت ئەسىرى مۇسابىقىگە قاتناشتۇرۇلدى. شىنجاڭلىق كىچىك رەسساملار ئىجاد قىلغان «ئورمان ئاسراش» (يۈەن شياڭ)، «قۇش مىنىپ ئاۋمېنغا بارسەن» (چېن رۇي، قىز)، «XXI ئەسىر — بىزنىڭ يۇرتىمىز» (لو ۋېيدو، قىز)، «ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈۋالايلى» (جاڭ مىڭياڭ، قىز)، «ئالا ئىنەك» (جاۋ سەيۈن، قىز)، «گۈلقىز» (تاڭ شياۋخۇەن، قىز) ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى؛ «XXI ئەسىردىكى مۆھتەت ئاسراش» (يۈ شياۋشى، قىز)، «بىز تىنچلىقنى قىلىمىز دەۋەت» (جاڭ مىڭمىڭ، قىز)، «بەيدى شەھىرىدىن سەھەردە يولغا چىقىش» (گو يەنىڭ، قىز)، «دېڭىز ئاستىدىكى دۇنيا» (ياڭ يىبېي، قىز)، «ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى قارشى ئالىمىز» (جاۋ سەي، قىز)، «مۇزىكا ئارقىلىق سۆتنى ئۇلغايتىش» (ليۇ تىڭيى، قىز)، «ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى تەبرىكلەيمىز» (ليۇ ۋېيفېڭ)، «ئۆي كۆچۈش» (گومياۋ، قىز)، «ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى تەبرىكلەيمىز» (فېڭ جۈن، قىز) كۈمۈش مېدالغا ئېرىشتى؛ ۋاڭ خۇا قاتارلىق 16 كىچىك رەسسام ماھىرى مىس مېدالغا ئېرىشتى. قاسىم گۈزەل سەنئەت باغچىسى مۇكاپاتىغا، مەدەنىيەت نازارىتى كوللېكتىپ تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

نى يۈشىن

# كۈتۈپخانىچىلىق

## ئاممىۋى كۈتۈپخانا

1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندىكى كۈتۈپخانا 79 غا، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 879 غا، ساقلانغان كىتاب 5 مىليون 710 مىڭ نۇسخىغا، قەدىمكى كىتاب 96 مىڭ نۇسخىغا، كىتاب سېتىۋېلىش خىراجىتى 1 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا يېڭىدىن 60 مىڭ نۇسخا كىتاب سېتىۋېلىنىپ ساقلاندى.

نى يۈشىن

## يېڭىدىن سېلىنغان ش ئۇ ئا ر كۈتۈپخانا مۇلازىمەت باشلىدى

دۆلەت رەئىسى جياڭ زېمىن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كۈتۈپخانا» دەپ ئىسىم يېزىپ بەرگەن يېڭى كۈتۈپخانا پۈتۈپ، 1999 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى مۇلازىمەت باشلىدى. ش ئۇ ئا ر كۈتۈپخانا 1930 ـ يىلى قۇرۇلۇشقا باشلىغان بولۇپ، ئەسلى ئىسمى شىنجاڭ ئۆلكىلىك كۈتۈپخانا ئىدى؛ 1935 ـ يىلى ئۆزگەرتىپ تەشكىللىنىپ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئاممىۋى مائارىپ سارىيى دەپ ئاتالغان (كۈتۈپخانا ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرى ئىدى)؛ 1946 ـ يىلى يېڭىۋاشتىن ئۆلكىلىك كۈتۈپخانا قۇرۇلدى، نامى شىنجاڭ ئۆلكىلىك «جۇڭجېڭ» كۈتۈپخانىسى، دەپ بېكىتىلدى؛ 1949 ـ يىل 10 ـ ئايدا نامى شىنجاڭ ئۆلكىلىك «خەلق» كۈتۈپخانىسى، دەپ ئۆزگەرتىلدى؛ 1955 ـ يىل 10 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلدى، بۇنىڭ بىلەن سابىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك كۈتۈپخانىنىڭ نامى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كۈتۈپخانا» دەپ ئۆزگەرتىلدى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 1985 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر كۈتۈپخانىنى يېڭىۋاشتىن قۇرۇشنى قارار قىلدى. يېڭى كۈتۈپخانىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 24 مىڭ 700 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 3 مىليون نۇسخا كىتاب ساقلىغىلى بولىدۇ، كىتاب كۆرۈش ئورنىدىن 2500 ى بار، بۇ كۈتۈپخانا يىغىش ـ كۆرۈش، پايدىلىنىش، ساقلاش، ئۇچۇرلارنى بىر تەرەپ قىلىش بىر گەۋدە قىلىنغان ئاممىۋى چوڭ كۈتۈپخانا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

نى يۈشىن

### كۇتۇپخانا ماتېرىياللىرى كەسپى بويىچە داۋاملىق تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى

مەدەنىيەت نازارىتى باشچىلىق قىلغان، ش ئۇ ئا ر كۇتۇپخانا ئۈستىگە ئالغان ئاپتونوم رايونلۇق تۇنجى قېتىملىق كۇتۇپخانا ماتېرىياللىرى كەسپى بويىچە داۋاملىق تەربىيىلەش كۇرسى 1999 - يىل 5 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ھەمدە ئۈرۈمچى رايونىدىكى كۇتۇپخانا ساھەسىدىن كەلگەن 100دىن ئارتۇق كۇرسانت ۋە كۇتۇپخانا كەسپىي ئوقۇتقۇچىسى قايتا تەربىيە ئۆگىنىشىگە قاتناشتى.

نى يۇشىن

### ئاممىۋى كۇتۇپخانىلارنى باھالاپ دەرىجە بېكىتىش خىزمىتى

ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى قېتىملىق ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئاممىۋى كۇتۇپخانىلارنى باھالاپ دەرىجە بېكىتىش خىزمىتى 1999 - يىل 3 - ئايدا ئاخىرلاشتى. بۇ خىزمەتنى مەدەنىيەت نازارىتى 1998 - يىل 8 - ئايدىن ئېتىبارەن پۈتكۈل ئاپتونوم رايون تەۋەسىدە تەشكىللەپ يولغا قويغانىدى. جايلاردىكى كۇتۇپخانىلارنى باھالاش نەتىجىسىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق قاراماي شەھەرلىك كۇتۇپخانا ۋىلايەت دەرىجىلىك «ئالاھىدە دەرىجىلىك كۇتۇپخانا» دەپ؛ غۇلجا شەھەرلىك كۇتۇپخانا ناھىيە دەرىجىلىك «ئالاھىدە دەرىجىلىك كۇتۇپخانا» دەپ؛ تارباغاتاي ۋىلايەتلىك كۇتۇپخانا، سانجى ئوبلاستلىق كۇتۇپخانا ۋىلايەت دەرىجىلىك «1 - دەرىجىلىك كۇتۇپخانا» دەپ؛ فۇكاڭ شەھەرلىك كۇتۇپخانا، قۇتۇبى ناھىيىلىك كۇتۇپخانا، بورتالا شەھەرلىك كۇتۇپخانا ناھىيە دەرىجىلىك «1 - دەرىجىلىك كۇتۇپخانا» دەپ باھالاندى. ئاپتونوم رايون دومىلىما شەكىلدە ھەر 4 يىلدا بىر قېتىم ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئاممىۋى كۇتۇپخانىلارنى باھالاپ دەرىجە بېكىتىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرىدۇ، بۇ ئارقىلىق ئاپتونوم رايوننىڭ كۇتۇپخانا ئىشلىرى راۋاجلاندۇرۇلىدۇ.

نى يۇشىن

### 99' ئاپتونوم رايونلۇق كۇتۇپخانا مۇلازىمىتى تەشۋىقات ھەپتىلىكى

ش ئۇ ئا ر «بىلىم قۇرۇلۇشى» رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى، مەدەنىيەت نازارىتى، ش ئۇ ئا ر كۇتۇپخانا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك كۇتۇپخانا ئىلمىي جەمئىيىتى بىرلىكتە 1999 - يىل 5 - ئاينىڭ 29- كۈنى ئۈرۈمچىدە 99' كۇتۇپخانا مۇلازىمىتى تەشۋىقات ھەپتىلىكى پائالىيىتىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەرمۇ ئوخشىمىغان شەكىللەردە 99' كۇتۇپخانا مۇلازىمىتى تەشۋىقات ھەپتىلىكى پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان ھەر مىللەت ئاممىسى جايلاردا بۇ پائالىيەتكە قاتناشتى.

نى يۇشىن

## مەدەنىيەت بازىرى

### مەدەنىيەت بازىرى ئەھۋالى

1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايوندا مەدەنىيەت تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇن 6900 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ناخشا - ئۇسسۇل زالى 405، تانسىخانا 261، كاراOK زالى 489، ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇق زالى 1196، بىليارت زالى 171، بولىڭ توپ زالى 15، غالتەكلىك كانكى مەيدانى 13، ئۇنىۋېرسال كۆڭۈل ئېچىش سورۇنى 68، ئۈن - سىن بۇيۇملىرىنى توپ تارقىتىش، پارچە سېتىش ئورنى 1044، فىلىم قويۇش ئورنى 695، ئىجارىگە بېرىش ئورنى 650، گۈزەل سەنئەت شىركىتى، رەسىم دۇكىنى، رەسىم كارىدورى 18، كىتابلارنى توپ تارقىتىش، پارچە سېتىش ئورنى 444، مەدەنىيەت، سەنئەت ئىقتىسادىنى ۋاكالىتەن باشقۇرۇش كەسپى 3، سەنئەت بۇيۇمى - ئەسەرلىرىنى كىم ئارتۇق سودىسى بويىچە سېتىش شىركىتى بىر، باشقا تىجارەت ئورنى 1427. كەسپكار 18 مىڭ 364، كاپىتال سوممىسى 393 مىليون 596 مىڭ يۈەن، ئاساسىي تىجارەتتىن قىلىنغان كىرىم 315 مىليون 217 مىڭ يۈەن، يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان ئاساسىي تىجارەت باج سوممىسى ھەمدە ئۇنىڭ قوشۇلما قىممىتى 30 مىليون 52 مىڭ يۈەن، يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇش ھەققى 8 مىليون 601 مىڭ يۈەن، يارىتىلغان قوشۇلما قىممەت 96 مىليون 431 مىڭ يۈەن. يۇقىرىقىلاردىن باشقا مودا كىيىم كۆرسىتىش ئەترىتى 13، خۇسۇسىي سەنئەتچى 1370.

نى يۇشىن

### مەدەنىيەت - سەنئەت جەھەتتىكى ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرى

تايلاند شىلاچەي ئەجدىھا - يولۋاس باغچىسى چەكلىك شىركىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن شىنجاڭ سېرك ئۆمىكىدىكى 20 ئادەم 1999 - يىل 2 - ئاينىڭ 11 - كۈنى تايلاندقا بېرىپ 3 ئايلىق مۇددەت بىلەن ئۇ يەردە ھەقلىق ئويۇن قويدى.

جۇڭگو شىنجاڭ ئويۇن قويۇش - كۆرگەزمە قىلىش مەركىزىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن قازاقىستان دۆلەت باللېت تىياتىر ئۆمىكى تەركىبىدىكى 45 كىشى 5 - ئاينىڭ 16 -

كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە جۇڭگو شىنجاڭ، شەنشى، خېنەن، جياڭسۇ، جياڭشى، شاڭخەي، سىچۈەن قاتارلىق ئۆلكە، شەھەرلەرگە بېرىپ «ئاقتۇ كۆلى»، «سىپارتاكس» قاتارلىق كىلاسسىك، مەشھۇر دراما ۋە ئويۇن نومۇرلىرىنى سەھنىگە قويدى.

مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ئەۋەتكەن شىنجاڭ ئوپېرا (سەنئەت) ئۆمىكى تەركىبىدىكى 25 كىشى 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنىگە قەدەر ئىسرائىلىيە، ئالجىرىيە، تونىس، سۇداندىن ئىبارەت 4 دۆلەتكە بېرىپ زىيارەت قىلدى ۋە ئويۇن قويدى. ئۇلار 34 مەيدان ئويۇن قويدى، تاماشىبىنلار 200 نەچچە مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون 36 مەدەنىيەت - سەنئەت ئۆمىكى، گۇرۇپپىسىدىكى 530 ئادەم (قېتىم) نى تەكشۈرۈپ تەستىقلاپ، مەدەنىيەت - سەنئەت ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن 26 دۆلەتكە ئەۋەتتى؛ شىنجاڭغا مەدەنىيەت - سەنئەت ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن 9 دۆلەتتىن كەلگەن 29 مەدەنىيەت - سەنئەت ئۆمەك، گۇرۇپپىسى تەركىبىدىكى 383 ئادەم (قېتىم) نى تەستىقلاپ كۈتۈۋالدى.

نى يۈشىن

## شىنجاڭدىكى تۇنجى قەدىمكى ئويۇنچۇقلارنى يىغىپ ساقلاش بازىرىدا تىجارەت باشلاندى

شىنجاڭدىكى تۇنجى قەدىمكى ئويۇنچۇقلارنى يىغىپ ساقلاش بازىرى 1999 - يىل 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى باش دۇكىنىنىڭ 2 - قەۋىتىدە تىجارەت باشلىدى.

نى يۈشىن

## «تۇرپان مۇقامى» ۋە ئۇنىڭ لازېر نۇرلۇق پىلاستىنكىسى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى

تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسى، پىچان ناھىيىلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسى، ش ئۇ ئا ر سەنئەت تەتقىقات ئورنىدىكى كەسپىي خادىملار ھەمدە تۇرپان ۋىلايىتىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتى خادىملىرى، پېشقەدەم خەلق سەنئەتچىلىرىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى بىلەن 3 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ تۈزۈلگەن «تۇرپان مۇقامى» مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1999 - يىل 8 - ئايدا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يۈرۈشلەشكەن لازېر نۇرلۇق CD پىلاستىنكىسىمۇ تارقىتىلدى.

«تۇرپان مۇقامى» تۇرپان ۋىلايىتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان قىممەتلىك مەدەنىي - تارىخىي مىراسى، ئۇنىڭدا مۇزىكا، ئۇسسۇل، ئەدەبىيات بىرگەۋدىگە ئايلانغان، يەرلىك ئالاھىدىلىكى ئىنتايىن قويۇق.

نى يۈشىن

## مەدەنىيەت بازارلىرى قانۇن بويىچە باشقۇرۇلدى

مەدەنىيەت نازارىتى دۆلەتنىڭ «كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى» نى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، 1999 - يىل 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئاپتونوم رايون بويىچە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇش، ج خ، سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش، باج قاتارلىق تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنى يىغىپ سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن ئاپتونوم رايون بويىچە كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىنىڭ تىجارەت تەرتىپى مەركەزلەشتۈرۈپ تەرتىپكە سېلىنىپ، قىمار ئويناش، زەھەر چېكىش، فېئودال خۇراپاتلىق، شەھۋانىي بۇيۇملارنى ئېلىپ سېتىش، تارقىتىش ھەمدە پايدا ئېلىش مەقسىتىدە مۇلازىملىق قىلىش قاتارلىق قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 4000 ئادەم (قېتىم) ھەرىكەتكە كەلتۈرۈلۈپ، 4115 كۆڭۈل ئېچىش تىجارەت ئورنى ۋە يەككە تىجارەتچى تەكشۈرۈلۈپ، 30 مىڭدىن ئارتۇق ئۈن - سىن بۇيۇمى (CD، VCD، ئۈنئالغۇ لېنتىسى، سىنئالغۇ لېنتىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ؛ دىنغا ئائىت 3845 پارچە قانۇنسىز كىتاب يىغىۋېلىندى؛ 19 ئورۇننىڭ كەسپى توختىتىلىپ تەرتىپكە سېلىندى، ئوغرىلىقچە نەشر قىلىنغان 3846 پارچە قانۇنسىز كىتاب، 4050 پارچە ئېلان تەكشۈرۈپ قولغا چۈشۈرۈلدى؛ ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇق ئاپپاراتى ھەمدە توك يولى تاختىسىدىن 71 دانە (پارچە)، ئوغرىلىقچە نەشر قىلىنغان VCD چاتما لازېر نۇرلۇق پىلاستىنكىدىن 13 مىڭدىن كۆپرەكى يىغىۋېلىندى.

نى يۈشىن

## بىر قېتىملىق ئويۇندا قائىدىگە خىلاپ مەشغۇلات ئېلىپ بېرىلغانلىقتىن جەرىمانە قويۇلدى

مەدەنىيەت نازارىتى 1999 - يىل 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى مۇزىكا ئىستانسىسىغا ئاپتونوم رايوندىكى مەدەنىيەتكە مەسئۇل تارماقنىڭ تەكشۈرۈپ دۆلەت مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىگە يوللاپ تەستىقلىتىشىدىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ، ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ شياڭگاڭ كىنو - تېلېۋىزىيە ناخشا چولپانلىرىنى شىنجاڭغا كېلىپ

ئورۇمچى كۆمۈش ئاستانە مەيخانىسى بىلەن بىرلىكتە شىنجاڭ ناخشا مەستانىلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشۈش كېچىلىكى ۋە ئىمزا قويۇپ لېنتا سېتىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ «تىجارەت خاراكتېرلىك ئويۇن قويۇشنى باشقۇرۇش نىزامى» ھەمدە مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ ش. م. خ [1999] 13- نومۇرلۇق ھۆججىتىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، 20 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويدى ۋە ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بەردى.

نى يۈشىن

## «بىزنىڭ شىنجاڭ ياخشى جاي» ناملىق لازېر نۇرلۇق پىلاستىنكا دۇنياغا كەلدى

1999 - يىل 9 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ئىشلىگەن، شىنجاڭ ئۈن - سىن نەشرىياتى نەشر قىلغان «بىزنىڭ شىنجاڭ ياخشى جاي» ناملىق قوش تەخسىلىك، قەدىرلەپ ساقلىنىدىغان VCD پىلاستىنكىسى تارقىتىلدى. «بىزنىڭ شىنجاڭ ياخشى جاي» ناملىق پىلاستىنكىغا 1999 - يىل 3 - ئايدا شىنجاڭنىڭ چوڭ تىپتىكى مىللىيچە ناخشا - ئۇسسۇلى «بىزنىڭ شىنجاڭ ياخشى جاي» ئويۇن قويۇش ئۆمىكى بېيجىڭدا قويغان ئويۇننىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى كىرگۈزۈلگەن، ئۇنىڭدا شىنجاڭنىڭ مىللىيچە ناخشا - ئۇسسۇلىنىڭ جەۋھىرى توپلانغان، ئۇ قويۇق غەربىي يۇرت مىللىي مەدەنىيەت جىلۋىسىگە، ھازىرقى دەۋر پۇرىقىغا ئىگە بولۇپ، مەدەنىيەت سەھنىلىرىگە گۈزەل - يارقىن، كۆزنى چاقنىتىدىغان نۇر - جۇلا قوشتى.

نى يۈشىن

# تارىخ، تەزكىرە تۈزۈش ئەھۋالى

## پارتىيە تارىخى خىزمىتى

1999 - يىل ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە تارىخى خىزمىتىدە 2 - ئۈچ يىللىق (1998 — 2000) پىلان ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلىدىغان ئاچقۇچلۇق يىل. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى ۋە شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتىنى چۆرىدەپ، شىنجاڭنىڭ پارتىيە تارىخى تەتقىقاتى، تەشۋىقاتى، تەلىم - تەربىيىسى ۋە مۇلازىمىتىنى رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش سالمىقىنى زورايتىپ، نادىر ئەسەر ئېڭىنى تۇرغۇزۇپ، ئۇقتىملىق تۈرلەرنى ياخشى تۇتۇپ، پارتىيە تارىخى خىزمىتىنى يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈشىمىز لازىم.

1. ئاپتونوم رايوننىڭ 1998 - يىلدىن 2000 - يىلغىچە بولغان پارتىيە تارىخى خىزمىتى پىلانى ئەستايىدىل تەشكىللىنىپ يولغا قويۇلۇپ، سېھىتى خېلى يۇقىرى بىر تۈركۈم تەتقىقات نەتىجىلىرى بارلىققا كەلتۈرۈلدى. «ج ك پ شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى» (1 - توم) بەش يىللىق تۈزۈش، ئۆزگەرتىش، ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە 20 دىن ئارتۇق پېشقەدەم رەھبەر، ئالاقىدار مۇتەخەسسىسنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشى ئارقىلىق، پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 78 يىللىقى ھارپىسىدا نەشردىن چىقتى. 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم «ج ك پ شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى» (1 - توم) ۋە «شىنجاڭنىڭ ئازاد قىلىنىشى» سەرلەۋھىلىك سۈرەتلەر توپلىمى نەشر قىلىنغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن سۆھبەت يىغىنى ئاچتى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن مۇھىم سۆز قىلىپ بۇ كىتاب نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە قىممىتىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى. 4 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى تۈزۈشنى ئۇيۇشتۇرغان «شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش تارىخىدىن بايانلار» نەشر قىلىنىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش خىزمىتىگە كۈچلۈك ماسلاشتۇرۇلدى. «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. كوممۇنىستىك پارتىيە تەزكىرىسى»، «ج ك پ شىنجاڭ تارىخىدىكى چوڭ ئىشلار» (2 - قىسىم)، «شىنجاڭ يەرلىك پارتىيە تارىخى ياشلار - ئۆسمۈرلەر ئوقۇشلۇقى» قاتارلىق پارتىيە تارىخىغا دائىر كىتابلارنى تۈزۈش، ئۆزگەرتىش خىزمەتلىرىمۇ يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. بىر تۈركۈم مەخسۇس تېمىدىكى ماتېرىياللارنى تۈزۈش ئىشىمۇ پىلان بويىچە ئېلىپ بېرىلماقتا. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ ئورنىتىلىشى ۋە تەرەققىياتى»، «ۋاڭ جېن ۋە شىنجاڭ» ھەمدە «شىنجاڭدا باندىت تازىلاش كۈرىشى»، «قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاش» (شىنجاڭ تومى)، «تەڭرىتاغدىكى سادىق قەلب — لى جىڭشۈەننى خاتىرىلەش ماقالىلىرى توپلىمى» قاتارلىقلارنىڭ بەزىلىرى مەركەزدىكى مۇناسىۋەتلىك مىنىستىرلىك، كومىتېتلارنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىگە ئەۋەتىپ بېرىلدى، بۇ كىتابلار ئارقا - ئارقىدىن نەشردىن چىقىدۇ.

2. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى ۋە شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى چۆرىدىلىپ مول مەزمۇنلۇق خاتىرىلەش، تەشۋىقات پائالىيەتلىرى قانات يايدۇرۇلدى. يېرىم يىل تەشكىللەش ۋە تەييارلىق قىلىش ئارقىلىق، 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى بىلەن بىرلىكتە

زامانىمىزدىكى شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتى بويىچە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى، 105 پارچە ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋېلىندى. بۇ ماقالىلەرنىڭ 60 پارچىسى تاللانمىغا كىرگۈزۈلدى. 16 نەپەر ئىلمىي ماقالە ئاپتورى چوڭ يىغىندا ئالماشتۇرۇش ئېلىپ باردى. بۇنىڭ ئىچىدىكى 3 پارچە ماقالە 2 - قېتىملىق مەملىكەتلىك سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى ج ك پ تارىخى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ۋە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50يىللىقىنى تەبرىكلەش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا تاللاندى.

«شىنجاڭنىڭ ئازاد قىلىنىشى» سەرلەۋھىلىك تارىخىي سۈرەتلەر توپلىمى نەشر قىلىندى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى بىلەن شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى بىرلىكتە تەھرىرلىگەن بۇ سۈرەتلەر توپلىمى 486 پارچە تارىخىي سۈرەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، يازما چۈشەندۈرۈشى خەنزۇچە خەت ھېسابىدا 30 مىڭ خەتتىن ئاشىدۇ، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئىككى يېزىقتا تىزىلدى. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق مەزمۇن «تىنچلىق تاڭ نۇرى»، «تەنتەنە ئىچىدە شىنجاڭغا كىرىش»، «تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش»، «بوزيەر ئېچىپ، چېگرىنى قوغداش» تىن ئىبارەت 4 قىسىمدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىشنىڭ تارىخىي مۇساپىسىنى بىر قەدەر ئومۇمىيۈزلۈك نامايان قىلىپ بېرىدۇ.

«يېڭى ئەسىرلىك شىنجاڭغا نەزەر — زامانىمىزدىكى شىنجاڭدا ‹گەڭ›» سەرلەۋھىلىك كىتاب تەھرىرلىنىپ نەشر قىلىندى. بۇنىڭغا ئاساسلىقى ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىساد، سىياسەت، مەدەنىيەت، ئىجتىمائىيەت قاتارلىق ھەر قايسى ساھەلىرىدىكى ۋە تۈرلۈك ئىشلاردىكى زامانىمىزدىكى شىنجاڭ تارىخىدا رېكورد ياراتقان، روشەن دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە تىپىك ئادەم ۋە تىپىك ئىشلار تاللاپ كىرگۈزۈلگەن، تۈنۈگۈنكى شانۇ - شەۋكەت ۋە بۈگۈنكى تەرەققىيات چىنلىق بىلەن خاتىرىلەنگەن.

ش ئۇ ئا ر پارتكوم پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى بىلەن شىنجاڭ ئىقتىساد تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قاتارلىق ئورۇنلار بىرلىكتە سۈرەتكە ئالغان 6 قىسىملىق تېلېۋىزىيە ھۆججەتلىك فىلىمى «تارىخىي ئاللاش» 50 يىللىق بايرام ھارپىسىدا تارقىتىلىپ جەمئىيەتنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

3. خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە كەسپىي يېتەكچىلىك كۈچەيتىلىپ، پارتىيە تارىخى قوشۇنىنىڭ كادىرلار ساپاسىدا يېڭى يۈكسىلىش بارلىققا كەلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى كۆپ خىل شەكىل ئارقىلىق ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق (شەھەرلىك)، ناھىيىلىك پارتىيە تارىخى ئارماقلىرىغا بولغان كەسپىي يېتەكچىلىك ۋە كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش سالمىقىنى زورايتتى. 5 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە «ئاپتونوم رايونلۇق تارىخ - تەزكىرە كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى» ئاچتى، 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىن ۋە 42 ناھىيىدىن كەلگەن 75 كۇرسانت 15 كۈنلۈك تەربىيىلەش كۇرسىغا قاتناشتى.

7- ئاينىڭ باشلىرىدا ش ئۇ ئا ر پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى چېن تۇڭجۇپى مۇناسىۋەتلىك باشقارما، ئىشخانىلارنىڭ خادىملىرىنى باشلاپ ماناس ناھىيىسىگە بېرىپ خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلدى. «ج ك پ نىڭ ماناس ناھىيىسىدىكى قىسقىچە تارىخى» نىڭ ئورگىنالىنى تەكشۈرۈش يىغىنىغا قاتناشتى ھەمدە تۈزۈش خىزمىتىگە قارىتا تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. 9 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا مۇئاۋىن مۇدىر جاڭ يۈشى شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا 22 كۈن خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ھەمدە كەسپىي جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلدى. 1999 - يىلى «شىنجاڭ پارتىيە تارىخى» دىن 4 سان، «شىنجاڭ پارتىيە خىزمىتى خەۋەرلىرى» دىن 12 سان تەھرىرلەندى.

جاڭ نىڭ

## تەزكىرە خىزمىتى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە بىر قەدەر زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

1. تەزكىرە خىزمىتى يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. 1999 - يىل 5 - ئايدا ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى بىلەن ش ئۇ ئا ر پارتكوم پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى بىرلىكتە ئاپتونوم رايونلۇق تارىخ - تەزكىرە كادىرلىرىنى نەزەرىيە جەھەتتىن تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى، ئاپتونوم رايون بويىچە 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىن ھەمدە 42 ناھىيە (شەھەر) دىن ۋە قىسمەن نازارەت، ئىدارىلەردىن كەلگەن 75 كۇرسانت تەربىيىلەشكە قاتناشتى. 10 - ئايدا مەملىكەتلىك يېڭى تۈزۈلگەن تەزكىرە نەتىجىلىرى كۆرگەزمىسىگە قاتنىشىلدى، 150 خىل تەزكىرە نەتىجىسى كۆرگەزمىگە قويۇلدى، شىنجاڭ كۆرگەزمە ئورنىنى كۆتۈۋالغان ئېكسكۇرسىيىچى 5000 دىن ئاشتى. 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى شىنخۇا ئاگېنتلىقى «شىنجاڭنىڭ تەزكىرە تۈزۈشتىكى نەتىجىلىرى مول» دېگەن سەرلەۋھىدە ئومۇمىي خەۋەر تارقاتتى. «شىنخۇا كۈندىلىك تېلېگرامما خەۋەرلىرى» ۋە «شىنجاڭ گېزىتى» بۇ ماقالىنى ئېلان قىلدى. 11 - ئايدا «خەلق گېزىتى» «شىنجاڭ تەزكىرە تۈزۈپ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىماقتا» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، شىنجاڭنىڭ تەزكىرە تۈزۈش ئەھۋالىنى خەۋەر

قىلدى. 9 - ئايدا شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى «شىنجاڭنىڭ تۈنجى يېڭى تەزكىرىسى» سەرلەۋھەسىدىكى مەخسۇس فىلىمنى سۈرەتكە ئېلىپ «قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى»نى ۋە شىنجاڭنىڭ تەزكىرە تۈزۈشتىكى نەتىجىلىرىنى تەشۋىق قىلدى. 10 - ئايدىن 11 - ئايغىچە تەزكىرە كومىتېتى يەنە شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى بىلەن بىرلىكتە شىنجاڭنىڭ 50 يىللىق چوڭ ئىشلىرىدىن سوئال - جاۋاب پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ ھەركۈنى بىر سان ئاڭلاتتى، ئاڭلىتىش 50 كۈن داۋاملاشتى. «شىنجاڭ گېزىتى» يەنە 3 بەت ئاجرىتىپ تەزكىرە كومىتېتى تۈزگەن «شىنجاڭنىڭ 50 يىللىق چوڭ ئىشلىرى»نى باستى.

2. تەزكىرە كىتابلىرىنى تۈزۈش، نەشر قىلىش ئەھۋالى. 1999 - يىلى 22 توم يېڭى تەزكىرە كىتابى نەشر قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دىكى كەسىپلەر تەزكىرىسى 7 توم، بۇلار «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. سودا تەزكىرىسى»، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. نېفىت سانائىتى تەزكىرىسى»، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. پولات - تۆمۈر سانائىتى تەزكىرىسى»، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. تۆمۈريول تەزكىرىسى»، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. مالىيە تەزكىرىسى»، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. ئېلېكتر ئېنېرگىيە سانائىتى تەزكىرىسى»، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. پوچتا - تېلېگراف تەزكىرىسى»؛ ۋىلايەت (ئوبلاست)، ناھىيە (شەھەر) تەزكىرىسى 10 توم، بۇلار «مىچۈەن ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى تەزكىرىسى»، «خوشۇت ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «قاراماي شەھىرى جەرەن بۇلاق رايونى تەزكىرىسى»، «شىخو ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «قاغىلىق ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «قاراماي شەھىرى ئورقۇ رايونى تەزكىرىسى»، «قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «كۈيتۇڭ شەھىرى تەزكىرىسى»؛ ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنغان تەزكىرە كىتابى 5 توم، بۇلار «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. تەمىنات - سودا كوپېراتىپى تەزكىرىسى»، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەزكىرىسى»، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. پۇل مۇئامىلە تەزكىرىسى»، «توقسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «ئونسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى» دىن ئىبارەت.

3. «شىنجاڭ يىلنامىسى» (1999 - يىللىق سانى) نىڭ خەنزۇچىسى 1999 - يىل 9 - ئايدا نەشردىن چىقتى، «شىنجاڭ يىلنامىسى» (1998 - يىللىق سانى) نىڭ ئۇيغۇرچىسى 1999 - يىل 3 - ئايدا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. 1999 - يىلدىن ئېتىبارەن «شىنجاڭ يىلنامىسى» نىڭ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە نۇسخىلىرى رەسمىي يوسۇندا قەرەللىك ژۇرنال ھېسابىدا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىۋاتىدۇ. «شىنجاڭ يىلنامىسى» (1999 - يىللىق سانى) نىڭ خەنزۇچە نۇسخىسى 2 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك يەرلىك يىلنامىلارنى باھالاشتا 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

«شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچىسىنىڭ ھەربىرى 4 ساندىن نەشر قىلىنىپ، ۋاقتىدا نەشر قىلىش، تارقىتىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ خەنزۇچە نۇسخىسى «توقسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «قورغاس ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «تارباغاتاي ۋىلايىتى تەزكىرىسى»، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. ھەربىي ئىشلار تەزكىرىسى»، «شىخو ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. ئاۋار تەكشۈرۈش تەزكىرىسى» ئۈستىدە ئوبزور ئېلان قىلدى. بىر يىلدا 21 سان «تەزكىرە ئۇچۇرى» بېسىپ تارقىتىلىپ، شىنجاڭنىڭ تەزكىرە تۈزۈش ئەھۋالىنى كۈچلۈك تەشۋىق قىلىندى.

4. شىنجاڭ تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ خىزمەتلىرى. 1999 - يىل 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئىلمىي جەمئىيەت ئىلمىي دوكلات يىغىنى ئېچىپ، مەملىكەت بويىچە تەزكىرە تۈزۈش، تەزكىرىدىن پايدىلىنىش ئەھۋالىدىن مەلۇمات بەردى. 1999 - يىلى ئىلمىي جەمئىيەت ماقالە قوبۇل قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. ئاپتونوم رايون بويىچە تەزكىرە خادىملىرى پىكىر يوللىرىنى تېخىمۇ كەڭ ئېچىپ، تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسى تەتقىقاتىنى پائال قانات يايدۇردى، تەزكىرە كومىتېتى ئورگىنىدىكى كەسپىي خادىملارلا ئۆلكە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ژۇرناللاردا تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسىگە دائىر 22 پارچە ماقالە، 11 پارچە ئوبزور ئېلان قىلدى.

5. ئىستىلدا بۆرۈلۈش ھاسىل قىلىش، ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈلدى. 1999 - يىلى تەزكىرە كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي، تۇرپان، قەشقەر، قىزىلسۇ، قاراماي شەھىرى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە ۋە ئالاقىدار نازارەت، ئىدارىلەرگە بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، ئالاقىدار رەھبەرلەر بىلەن سۆھبەتلەشتى، تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى داۋامىدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى. كومىتېت رەھبەرلىرى ۋە ئورگاننىڭ باشقارما، ئىشخانىلىرىدىكى ئالاقىدار يولداشلار قىسمەن ۋىلايەت، ناھىيە، نازارەت، ئىدارىلەرنىڭ تەزكىرە ئورگىنىنى باھالاش -

ئەكشۈرۈش يېقىنلىرىغا قاتناشتى.

زېڭ ئەنۋېي

## يېقىندىن نەشر قىلىنغان تەزكىرە كىتابلىرى

«مىچۈەن ناھىيىسى تەزكىرىسى» بۇ كىتاب 1999 - يىلى 1 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى، باش مۇھەررىرلىرى جاڭ دېڭخۇا، جۇ فۇمىڭ، لى شۈخۇا. پۈتۈن كىتاب خەنزۇچە خەت ھېسابىدا 1 مىليون 100 مىڭ خەت كېلىدۇ. باشلىنىش چېكى شەيئىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدىن باشلىنىدۇ، ئاخىرقى چېكى 1985 - يىلدا توختايدۇ. «قوشۇمچە» 1986 ~ 1994 - يىللىرىدىكى مىچۈەن ناھىيىسى (شەھىرى) دىكى چوڭ ئىشلار ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، تۈرلۈك كەسىپلەرنىڭ تەرەققىيات ئومۇمىي ئەھۋالىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. پۈتكۈل تەزكىرە ئومۇمىي ئەھۋال، چوڭ ئىشلار ۋە كەسىپلەر تەزكىرىسىدىن تەشكىل تاپقان. كەسىپلەر تەزكىرىسىدە 22 قىسىم، 99 باب تەسىس قىلىنغان. مىچۈەن ناھىيىسى (شەھىرى) نىڭ تەبىئىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، سىياسىي مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى تارىخى بىلەن ھازىرقى ئەھۋالى ئومۇميۈزلۈك، پۇختا خاتىرىلەنگەن. مىچۈەن ناھىيىسىنىڭ رايون ئالاھىدىلىكى ۋە يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن قولغا كەلتۈرگەن ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىيات نەتىجىلىرى گەۋدىلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئىدىيۋىلىك، ئىلمىيلىك ۋە ماتېرىياللىقنى ئورگانىك بىرلىككە كەلتۈرۈشتە تىرىشىلغان. بۇ كىتابنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇش، ھەر ساھە زاتلىرىنى جايلار ئەھۋالى ئۇچۇرى بىلەن تەمىنلەش، يەرلىك ھۆججەتلەرنى ساقلاش قاتارلىق جەھەتلەردە زور پايدىسى بار.

جاڭ چۈەن

«بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى تەزكىرىسى» بۇ كىتاب 1999 - يىلى 1 - ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، باش مۇھەررىرلەر ليۇ جېن، ۋاڭ ۋېيلياڭ، لى شۇچۈەن، مۇئاۋىن باش مۇھەررىر خۇ بوشىڭ، پۈتۈن كىتاب خەنزۇچە خەت ھېسابىدا 1 مىليون 500 مىڭ خەت، باشلىنىش چېكى ئىمكانقەدەر شەيئىلەرنىڭ باشلىنىش ۋاقتىنى ئاساس قىلغان، ئاخىرقى چېكى 1985 - يىلدا توختىتىلغان، 1985 - يىلدىن كېيىنكى ئاساسلىق ماتېرىياللار «قوشۇمچە» گە كىرگۈزۈلگەن. كىچىك قىسىم شەكلىدىكى باب، پاراگرافلىق قۇرۇلمىغا ئىگە قىسىم، قىسىم ئاستىدا باب، پاراگراف، تارماق، ئۇششاق تارماقلارغا ئايرىلغان بولۇپ 34 قىسىمدىن تۈزۈلگەن. بۇ تەزكىرە كىتابىدا چىن ماتېرىيال، مۇۋاپىق قۇرۇلمىلاشتۇرۇش ئارقىلىق بورتالا ئوبلاستىنىڭ تارىختىن بۇيانقى تەبىئىي مۇھىتىنىڭ ئۆزگىرىشى، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى گۈللىنىشى - خارابلىشىشى، تەبىئىي شارائىت ۋە ئۆرپ - ئادەتتى قاتارلىق ئىشلارنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى نامايان قىلىنغان، بۇ بورتالا ئوبلاستىنىڭ جايلار ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك، سىستېمىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ماتېرىيال خاراكتېرلىك قورال كىتابتۇر. ئۇ كىتابخانلارنى ئىشەنچلىك جايلار ئەھۋالى ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ شۇنداقلا ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتىكى ياخشى دەرسلىك ھېسابلىنىدۇ.

جاڭ چۈەن

«خوشۇت ناھىيىسى تەزكىرىسى» بۇ كىتاب 1999 - يىلى 1 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. باش مۇھەررىر پەن يۈگلىن، مۇئاۋىن باش مۇھەررىر خۇاڭ يىنجېي. پۈتۈن كىتاب خەنزۇچە خەت ھېسابىدا 1 مىليون 320 مىڭ خەت كېلىدۇ. ئۇنىڭدا خوشۇتنىڭ 1000 يىللىق تارىخى ۋە بارلىق كەسىپلەرنىڭ گۈللىنىشى - خارابلىشىشى بايان قىلىنغان، خوشۇت ناھىيىسىنىڭ تەبىئىيتى ۋە ئىجتىمائىيىتىنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى ئەينەن خاتىرىلەنگەن. تەزكىرە كىتابنىڭ باشلىنىش چېكى ئىمكانقەدەر شەيئىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىدىن باشلانغان. ئاخىرقى چېكى ئايرىم مەزمۇنلار 1997 - يىلغىچە بايان قىلىنغاندىن تاشقىرى، ئادەتتىكىلىرى 1995 - يىلدا توختىتىلغان. خاتىرىلەنگەن مەزمۇنلاردا دەۋر ئالاھىدىلىكى، يەرلىك ئالاھىدىلىك، مىللىي ئالاھىدىلىك تىرىشىپ گەۋدىلەندۈرۈلگەن. كەسىپلەر تەزكىرىسىدە 36 قىسىم تەسىس قىلىنغان، بۇنىڭ ئىچىدە «باتىست چىلات ئوتتۇرا يول خوشۇت ئىتتىپاقى» قىسمى ئالاھىدە تەسىس قىلىنغان. بۇ، ماتېرىيال قىممىتى ۋە پايدىلىنىش قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى، چوڭ تىپتىكى جايلار ئەھۋالىغا دائىر قورال كىتاب بولۇپ، كىشىلەرنىڭ خوشۇتنى بىلىشى، چۈشىنىشىدە ھەمدە ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا ئاكتىپ، رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

جاڭ چۈەن

«قاراماي شەھىرى جەرەنبۇلاق رايونى تەزكىرىسى» بۇ كىتاب 1999 - يىلى 3 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. كىتابنىڭ باش مۇھەررىرى سۇن جېنجياڭ، پۈتۈن كىتاب خەنزۇچە خەت ھېسابىدا 445 مىڭ خەت كېلىدۇ. باياننىڭ باشلىنىش چېكى ئادەتتە شەيئىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدىن باشلىنىدۇ، ئاخىرقى چېكى 1998 - يىلدا توختايدۇ. پۈتكۈل كىتاب قىسىم، باب، پاراگراف، تارماقنى

ئاساسلىق رامكا قىلغان. كەسپلەر تەزكىرىسى 22 قىسىمدىن تەركىب تاپقان. نېفىت شەھىرى رايونىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن، مەخسۇس قىسىم تەسىس قىلىنىپ نېفىت سانائىتى بىر قەدەر سىستېمىلىق بايان قىلىنغان، كەسىپ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، بىر قىسىم مەزمۇنلار رايون دائىرىسىدىن ھالقىتىپ مۇۋاپىق كېڭەيتىلگەن. رايون تەۋەسىدىكى پۈتۈن ھەممە رايوندا تۇرۇشلۇق باشقا ئورۇنلار مۇناسىۋەتلىك باب، پاراگرافلار قىسقىچە تونۇشتۇرۇلغان. كىتابتا يېڭى نېفىتلىك شەھەر رايونىنىڭ ئالاھىدىلىكى تىرىشىپ گەۋدىلەندۈرۈلگەن، 1956 - يىلدىن بۇيانقى تۈرلۈك كەسىپلەرنىڭ يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىش، ئاجىزلىقتىن كۈچىيىشكە قاراپ ماڭغانلىقتەك تەرەققىيات مۇساپىسى ئومۇمىيۈزلۈك، سىستېمىلىق خاتىرىلەنگەن. تەزكىرىدە سۈرەت بىلەن يېزىق بىرلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، ماتېرىيال قىممىتى بىر قەدەر يۇقىرى.

جاڭ چۈەن

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەزكىرىسى» (ئۇيغۇرچە) بۇ كىتابنى ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى تەرجىمىگە ئۇيۇشتۇرۇپ، تەكشۈرۈپ بېكىتتى، 1999 - يىل 4 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. باش مۇھەررىرى غوپۇر ھوشۇر نىيازى، بۇ كىتابتا 5 قىسىم، 20 باب، 70 پاراگراف تەسىس قىلىنغان، خەنزۇچە خەت ھېسابىدا 400 مىڭ خەت كېلىدۇ. باشلىنىش چېكى شەيئىلەرنىڭ باشلانغان ۋاقتىنى ئاساس قىلىدۇ، ئاخىرقى چېكى 1985 - يىلدا توختايدۇ. ئىزدەش، دەلىللەشكە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن «قوشۇمچە» گە 1986 — 1993 - يىلغىچە بولغان شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇشقا دائىر مۇھىم، زور ئىشلار ھەمدە ئالاقىدار سانلىق مەلۇماتلار كىرگۈزۈلگەن. شىنجاڭنىڭ نەچچە 10 يىلدىن بۇيانقى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىشلىرىدىكى تەرەققىيات، ئۆزگىرىش جەريانى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ كىتاب شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەرەققىيات تارىخىنى ۋە ھازىرقى ئەھۋالىنى سىستېمىلىق ئەكس ئەتتۈرگەن تۇنجى ماتېرىيال كىتاب بولۇپ قالدى.

جەمىلە ئابلا

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. سودا تەزكىرىسى» بۇ كىتاب 1999 - يىل 4 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، باش مۇھەررىرى لى شىنچۈن، پۈتۈن كىتاب خەنزۇچە خەت ھېسابىدا 1 مىليون 100 مىڭ خەت كېلىدۇ. باشلىنىش چېكى خەن سۇلالىسى يۈەنشۇنىڭ 4 - يىلى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 119 - يىلى) دىن باشلانغان. ئاخىرقى چېكى 1990 - يىلدا توختىتىلغان. بۇ تەزكىرە كىتابى يىپەك يولى سودىسى، بازار، سانائەت بۇيۇملىرى تىجارىتى، كۆك تاماكا مونوپول تىجارىتى، قوشۇمچە يىپەكلىك، يىپەك - ئىچمەك مۇلازىمىتى، سودا باشقۇرغان سانائەت، چارۋىچىلىق، زاپاس ماددىي ئەشيا توشۇش - ئەمىنلەش، پەن - تېخنىكا، مائارىپ، باشقۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىن شىنجاڭدا سودا - سېتىقنىڭ پەيدا بولۇش، راۋاجلىنىش تارىخىنى ۋە ھازىرقى ئەھۋالىنى سىستېمىلىق، ئوبيېكتىپ ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. بولۇپمۇ بۇ تەزكىرە كىتابى زور مىقداردىكى ئوبيېكتىپ، چىن ماتېرىياللار ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ قەدىمدىن ھازىرغىچە ۋەتەننىڭ ئىچكى جايلىرى بىلەن بولغان سودا ئالماشتۇرۇشى ھەمدە بۇنىڭ شىنجاڭ ئىقتىسادىغا بولغان تەسىرىنى سىستېمىلىق بايان قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئەزەلدىن ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىكەنلىكىدەك تارىخىي پاكىتنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

ليۇ شىڭ

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. پوچتا - تېلېگراف تەزكىرىسى» بۇ كىتاب 1999 - يىل 5 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، باش مۇھەررىرى گاۋ خۇئېچىڭ. پۈتۈن كىتاب خەنزۇچە خەت ھېسابىدا 1 مىليون 425 مىڭ خەت. بۇ تەزكىرە كىتابنىڭ باشلىنىش چېكى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلانغان، ئاخىرقى چېكى 1990 - يىلدا توختىتىلغان. ئاپپاراتلار، پوچتا - تېلېگراف، تېلېگراف ئالاقىسى، تىجارەت باشقۇرۇش، تۈزۈپ تۇرغۇچى سىستېما قاتارلىق 5 جەھەتكە بۆلۈنگەن بولۇپ، شىنجاڭنىڭ 2000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيانقى پوچتا - تېلېگراف ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى، تەرەققىياتى ۋە زورىيىشىنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالىنى ئومۇمىيۈزلۈك، سىستېمىلىق بايان قىلىپ بەرگەن. تەزكىرىدىكى ماتېرىياللار مول، چىن، شىنجاڭ تارىخىدىكى پوچتا ماتېرىياللىرىنىڭ بايان قىلىنىشى ناھايىتى تەپسىلىي، شۇنداقلا مۇھىم لىنىيىلەردىكى پوچتا يوللىرىنىڭ بىر قانچە خەرىتىسىمۇ قوشۇمچە قىلىنغان، ئۇ شىنجاڭ پوچتا - تېلېگراف ئىشلىرىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك ماتېرىيال كىتابىدۇر.

ليۇ شىڭ

«شىخو ناھىيىسى تەزكىرىسى» بۇ كىتاب 1999 - يىل 5 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، باش مۇھەررىرى لياۋ جىنبىڭ. پۈتۈن كىتاب خەنزۇچە خەت ھېسابىدا 1 مىليون 380 مىڭ خەت كېلىدۇ، قىسىم، باب، پاراگراف، تارماقتىن ئىبارەت 4 دەرىجىلىك

قاتلام ئاساس قىلىنغان قۇرۇلمىغا ئىگە، 34 قىسىم، 167 باب، 604 پاراگراف، ئومۇمىي بايان، چوڭ ئىشلار ئالدىغا، «قوشۇمچە» ئارقىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. باشلىنىش چېكى شەيئىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئىگىلىگەن ماتېرىياللارغا ئاساسەن بېكىتىلگەن، ئاخىرقى چېكى 1990 - يىلدا توختىتىلغان، ئايرىم قىسىم، بابلار سەل ئۇزارتىلغان. «قوشۇمچە»گە 1991 - يىلدىن 1996 - يىلغىچە بولغان مۇھىم تارىخىي ماتېرىياللار كىرگۈزۈلگەن. كىتابتا قەدىمكى زامان بىلەن ھازىرقى زامان باغلانغان، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى شىخو ناھىيىسىدىكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەر ۋە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات مۇساپىسى، نۇقتىلىق بايان قىلىنىپ، شىخو ناھىيىسىنىڭ ئومۇمىي قىياپىتى ئوبيېكتىپ، سىستېمىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بايان پۇختا، توغرا، يەرلىك ئالاھىدىلىك قويۇق بولۇپ، قەدىمكىدىن ئۆرنەك ئېلىپ بۈگۈنكىنى چۈشىنىش، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىشتا ناھايىتى زور پايدىسى بار، رەھبەرلەرنىڭ تەدبىر بەلگىلىشىنى ئىلمىي ئاساسلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ، يەرلىك ھۆججەتلەرنى ساقلاشتا ئاكتىپ رولغا ئىگە، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتىمۇ بىر ياخشى دەرسلىك.

جاڭ چۈەن

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. تەمىنات - سودا كوپېراتىپى تەزكىرىسى» (ئۇيغۇرچە) بۇ كىتابنى ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى تەرجىمىگە ئۇيۇشتۇرۇپ، تەكشۈرۈپ بېكىتكەن، 1999 - يىل 5 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. باش مۇھەررىرى غوپۇر ھوشۇر نىيازى. پۈتۈن كىتابتا 10 قىسىم، 26 باب، 94 پاراگراف تەسىس قىلىنغان، خەنزۇچە خەت ھېسابىدا 700 مىڭ خەت كېلىدۇ. باشلىنىش چېكى شەيئىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىدىن باشلانغان، ئاخىرقى چېكى 1985 - يىلدا توختىتىلغان. ئاخىرقى چېكى بىلەن تەزكىرە كىتابنىڭ نەشر قىلىنغان ۋاقتى ئۇزۇن بولۇپ كەتكەچكە، 1986 - يىلدىن 1990 - يىلغىچە بولغان چوڭ ئىشلار قاتارلىق ماتېرىياللار «قوشۇمچە» قىلىنغان، تەزكىرە كىتابىدا شىنجاڭ تەمىنات - سودا كوپېراتىپىنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى ئومۇمىيۈزلۈك، سىستېمىلىق بايان قىلىنغان، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى، بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيانقى تەمىنات - سودا كوپېراتىپىنىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىشلىرى نۇقتىلىق بايان قىلىنغان.

جەمىلە ئابلا

«قاغىلىق ناھىيىسى تەزكىرىسى» بۇ كىتاب 1999 - يىل 6 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، باش مۇھەررىرلىرى گاۋ شياۋبې، سۇن شۈپىڭ، لى شىنيەن. بۇ كىتاب خەنزۇچە خەت ھېسابىدا 1 مىليون 200 مىڭ خەت كېلىدۇ. باشلىنىش چېكى ئادەتتە 1885 - يىل 1 - ئايدا قاغىلىق ناھىيىسى قۇرۇلغان ۋاقىتنى ئاساس قىلغان ھەمدە ھەر قايسى كەسىپلەرنىڭ تارىخىي مەنبەسىنىمۇ مۇۋاپىق سۈرۈشتۈرگەن، ئاخىرقى چېكى 1990 - يىلدا توختىتىلغان، «قوشۇمچە»گە 1991 — 1998 - يىللاردىكى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ چوڭ ئىشلىرى، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئاساسىي ئەھۋالى كىرگۈزۈلگەن. كىتابقا چوڭ ئىشلار ۋە «قوشۇمچە» كىرگۈزۈلگەندىن تاشقىرى، باشقا مەزمۇنلار قىسىم، باب، پاراگراف، تارماقتىن ئىبارەت 4 قاتلامغا بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان، 27 قىسىم تەسىس قىلىنغان. ناھىيىنىڭ ھەر قايسى مەزگىللەردىكى، ھەر قايسى جەھەتلەردىكى تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى ئوبيېكتىپ، سىستېمىلىق بايان قىلىنغان، ئىدىيىۋىلىك، ئىلمىيلىك ۋە ماتېرىيال قىممىتىنى ئورگانىك ھالدا بىرلىككە كەلتۈرۈشكە كۈچ چىقىرىلغان. تەزكىرە كىتابىدا قويۇق يەرلىك ئالاھىدىلىك كۈچەپ گەۋدىلەندۈرۈلگەن، رايوننىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىغا نەزەر تاشلانغان، بۇ، پايدىلىنىش قىممىتى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان ماتېرىيال قىممىتىگە ئىگە ئەسەر، قاغىلىقنى چۈشىنىش، تەتقىق قىلىشتا، رايون ئىقتىسادىنى يۈكسەلدۈرۈپ، مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇشتا مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

جاڭ چۈەن

«قاراماي شەھىرى ئورقۇ رايونى تەزكىرىسى» بۇ كىتاب 1999 - يىل 7 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، باش مۇھەررىرى جاڭ دېشياۋ. كىتاب خەنزۇچە خەت ھېسابىدا 975 مىڭ خەت كېلىدۇ. باشلىنىش چېكى ئادەتتە، شەيئىلەرنىڭ باشلانغان ۋاقتىنى ئاساس قىلغان، ئاخىرقى چېكى 1994 - يىلدا توختىتىلغان، بەزى مەزمۇنلار ئۇدۇللۇق ۋە مۇكەممەللىكنى ساقلاش يۈزىسىدىن مۇۋاپىق ئۇزارتىلغان، چوڭ ئىشلار 1998 - يىلغىچە ئۇزارتىلغان. ئورقۇ رايونى (بىڭتۇەن 7 - شىنىنىڭ تۈەن - مەيدانلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) نىڭ ھەر قايسى تارىخىي مەزگىللەردىكى ھەر قايسى كەسىپلەرنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى بايان قىلىنىپ، بۇ رايوننىڭ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى تەرەققىيات ئۆزگىرىشلىرى نۇقتىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. كىتابتىكى ماتېرىياللار چىن بولۇپ، رايون تەۋەلىكىدىكى نېفىت سانائىتىنىڭ تېز سۈرئەتتە راۋاجلانغانلىقى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنىڭ تەڭ يۈكسەلگەنلىكىدەك يەرلىك ئالاھىدىلىككە كۈچلۈك گەۋدىلەندۈرۈلگەن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورقۇ رايونىنى گۈزەللەندۈرۈشتە ياراتقان پارلاق نەتىجىلىرى ۋە كۆرسەتكەن

ئىرىشچانلىقلىرى جاكارلانغان.

جاڭ چۈەن

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. نېفىت سانائىتى تەزكىرىسى» بۇ كىتاب 1999 - يىل 7 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، خەنزۇچە خەت ھېسابىدا 1 مىليون 200 مىڭ خەت كېلىدۇ. باش مۇھەررىرى ۋاڭ ليەنفاڭ. باشلىنىش چېكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭ تۇنجى يىلى (1909 - يىلى) مايتاغدا يېقىنقى زامان ماشىنا ئۇسكۇنىلىرىدىن پايدىلىنىپ تۇنجى ماي قۇدۇقى قېزىشتىن باشلانغان، ئاخىرقى چېكى 1990 - يىلدا توختىتىلغان. بايلىق مەنبەسىنى تەكشۈرۈش، قۇدۇق بۇرغىلاش، نېفىتلىك قۇرۇلۇشى، نېفىت ئېلىش، نېفىت پىششىقلاش، قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش، پەن تەتقىقات - مائارىپ، كارخانا باشقۇرۇش، تۇرمۇش كاپالىتى قاتارلىق جەھەتلەردىن شىنجاڭ نېفىت سانائىتىنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى سىستېمىلىق، ئوبيېكتىپ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ تەزكىرە كىتابىدا ماتېرىيال مول، چىن بولۇپ، شىنجاڭ نېفىت سانائىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى ئوبيېكتىپ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ شىنجاڭغا بەرگەن ياردىمى ھەمدە شىنجاڭ نېفىت سانائىتى تەرەققىياتىنىڭ شىنجاڭ خەلق ئىگىلىكىگە بولغان تۈرتكىسى، يېتەكچىلىكى بايان قىلىنغان.

ليۇ شاڭ

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. پولات - تۆمۈر سانائىتى تەزكىرىسى» بۇ كىتاب 1999 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، باش مۇھەررىرى لى خەنجۇڭ، مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى جاڭ چاڭچىڭ. پۈتۈن كىتاب خەنزۇچە خەت ھېسابىدا 850 مىڭ خەت كېلىدۇ، ئومۇمىي بايان، چوڭ ئىشلاردىن تاشقىرى، ئاساسىي قۇرۇلۇش، قېزىلما بايلىقلارنى ئېچىش، تاۋلاش ئىشلەپچىقىرىشى، پولات پىروكاتلاش ھەمدە مېتال بۇيۇم ئىشلەپچىقىرىش، كوكسلاشتۇرۇلغان ئوتقا چىدامىلىق ماتېرىياللار، ئېنېرگىيە ماشىنىلىرى رېمونتى، ترانسپورت، پەن - تېخنىكا، مائارىپ، ئاپپارات، قوشۇن، كارخانا باشقۇرۇش قاتارلىق 9 قىسىم تەسىس قىلىنغان. شىنجاڭ پولات - تۆمۈر سانائىتى تەرەققىياتىنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى، تەجرىبە - ساۋاقلار ئومۇمىيۈزلۈك، سىستېمىلىق بايان قىلىنغان بولۇپ، كۆز قارىشى توغرا، ماتېرىيالى چىن، قۇرۇلمىسى ئىلمىي، تۈزۈلۈشى مۇۋاپىق تەزكىرە كىتابىدۇر. بۇ تەزكىرە كىتابىدا پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ پولات - تۆمۈر سانائىتى تەرەققىياتىدىكى مۇھىم ئورنى ۋە رولى گەۋدىلىك بايان قىلىنغان، پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى، پەن - تېخنىكىنى پولات - تۆمۈر ئىشلەپچىقىرىشىدا ئومۇملاشتۇرۇپ قوللىنىشنى بايان قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىلگەن، شۇنداقلا پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىشى ۋە پەن - تېخنىكا قوشۇنىنىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىش جەريانى بايان قىلىنغان، پەن - تېخنىكا تەركىبى خېلى يۇقىرى بولغان بىر تەزكىرە كىتابى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، پولات - تۆمۈر ئىشچىلىرىنىڭ جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ ئىگىلىك يارىتىشتەك ئىنقىلابىي روھى گەۋدىلىك بايان قىلىنغان، بۇ كىتاب شىنجاڭ پولات - تۆمۈر ئىشچىلىرىنىڭ قۇرۇق قول ئىگىلىك يارىتىش تارىخىدۇر.

ليۇ دېرۇن

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. تۆمۈريول تەزكىرىسى» بۇ كىتاب 1999 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، كىتاب خەنزۇچە خەت ھېسابىدا 750 مىڭ خەت، باش مۇھەررىرلىرى يۈ چىجۇڭ، كاڭ كېچىن (ئىجرائىيە). بۇ تەزكىرە كىتابى تۆمۈريول ياساش، ترانسپورت ئىشلەپچىقىرىشى، ئاساسىي قۇرۇلۇش، ماددىي ئەشيا، ئۆي - زېمىن، كارخانا باشقۇرۇشتىن ئىبارەت 4 قىسىمغا بۆلۈنگەن، شىنجاڭ تۆمۈريول ترانسپورت ئىشلىرىنىڭ بارلىققا كېلىش، راۋاجلىنىش تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى سىستېمىلىق، ئومۇمىيۈزلۈك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. زور مىقداردىكى سانلىق مەلۇماتلاردىن پايدىلىنىلىپ تۆمۈريول ترانسپورتىنىڭ شىنجاڭ ئىگىلىكى تەرەققىياتىدىكى تۈرتكىلىك رولى ئوبيېكتىپ، توغرا بايان قىلىنغان ۋە گەۋدىلەندۈرۈلگەن. بۇ كىتاب شىنجاڭ تۆمۈريول ترانسپورت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ئۆرنەك قىلىشقا بولىدىغان ماتېرىيال قىممىتىگە ئىگە ئەسەردۇر.

ليۇ شاڭ

«قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى تەزكىرىسى» بۇ كىتاب 1999 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، باش مۇھەررىرلىرى گاۋ كۇيۋۇ، سۇي رۇيفېڭ، مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى جۇ شياۋخۇا. كىتاب خەنزۇچە خەت ھېسابىدا 1 مىليون 40 مىڭ خەت كېلىدۇ، باشلىنىش چېكى شەيئىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدىن باشلانغان، ئاخىرقى چېكى 1992 - يىلدا توختىتىلغان، قىسمەن مەزمۇنلار مۇكەممەل بايان قىلىشنى كۆزلەپ سەل ئۇزارتىلغان. ئومۇمىي بايان، چوڭ ئىشلاردىن تاشقىرى، 31 قىسىم، 123 باب، 394 پاراگراف تەسىس قىلىنغان، تۈرلەر دائىرە بويىچە تىزىلغان، تارىخىي پاكىتلار ۋاقىت تەرتىپى بويىچە بايان قىلىنغان، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى تارىخ نۇقتىلىق بايان قىلىنغان. كىتابتىكى ماتېرىياللار ئاساسلىقى ئارخىپتىن، قوشۇمچە كىتاب، گېزىت، ژۇرنال، تەكشۈرۈش

ۋە ئافرازىكى ماتېرىياللاردىن پايدىلانغان بولۇپ، توغرا ۋە ئىشەنچلىك. ئۇزۇۋشتىكى يېتەكچى ئىدىيە ۋە ئۇسۇل ئىلمىي ھەم مۇۋاپىق، ھەقىقەت ئەمەلىيەتتىن ئىزدەلگەن. بۇ كىتاب ناھىيىنىڭ تەبىئىي، ئىجتىمائىي ۋە گۇمانىتارلىق قاتارلىق جەھەتلەردىكى تارىخىي ۋە ھازىرقى ئەھۋالىنى سىستېمىلىق، ئومۇمىيۈزلۈك، چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەن چوڭ تىپتىكى جايلار ئەھۋالى ماتېرىيالىغا دائىر قورال كىتابتۇر.

جاڭ چۈەن

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى، پۇل مۇئامىلە تەزكىرىسى» (ئۇيغۇرچە) بۇ كىتاب ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتىنىڭ تەرجىمىگە ئۇيۇشتۇرۇشى، تەكشۈرۈپ بېكىتىشى بىلەن 1999 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. باش مۇھەررىرى ئەخمەت ئىمىنھاجى جۇبەيرى. كىتابتا 11 قىسىم 39 باب، 155 پاراگراف تەسىس قىلىنغان، باشلىنىش چېكى 1883 - يىلدىن باشلانغان، ئاخىرقى چېكى 1985 - يىلدا توختىتىلغان، قىسمەن باب، پاراگرافلاردا ئېھتىياجغا ئاساسەن، ئاخىرقى چەكنى يۆتكەپ ئۆتۈپ مەزمۇنلارنى داۋاملىق بايان قىلىش ئۈچۈن، «قوشۇمچە» كۆپەيتىپ تەسىس قىلىنغان. بۇ تەزكىرە كىتابى 2 چوڭ قىسىمغا ئايرىلغان: بىرىنچى قىسىمدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى يېڭىۋاشتىن بىرلىككە كەلتۈرگەنلىكىدىن تارتىپ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇش ھارپىسىغا قەدەر شىنجاڭدىكى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى، كەسىپلەرنىڭ قانات يايدۇرۇلۇش ئەھۋالى بايان قىلىنغان؛ ئىككىنچى قىسىمدا يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن شىنجاڭدىكى پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى ئاپپاراتلىرىنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشى، كەسپىي تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشى بايان قىلىنغان.

جەمىلە ئابلا

«توقسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى» (ئۇيغۇرچە)

بۇ كىتاب ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتىنىڭ تەرجىمىگە ئۇيۇشتۇرۇشى، تەكشۈرۈپ بېكىتىشى ئارقىلىق، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1999 - يىل 9 - ئايدا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. باش مۇھەررىرى ئابدۇرۇپ ئېلى. بۇ كىتابتا 24 قىسىم، 89 باب، 332 پاراگراف تەسىس قىلىنغان، خەنزۇچە خەت ھېسابىدا 1 مىليون 190 مىڭ خەت كېلىدۇ. باشلىنىش چېكى شەيئىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدىن باشلانغان، ئاخىرقى چېكى 1995 - يىلنىڭ ئاخىرىدا توختىتىلغان. بۇ كىتابتا تۆرگە ئايرىپ بايان قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، توقسۇ ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى ئېنىق بايان قىلىنغان. بۇ كىتاب ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ۋە ھەر ساھەدىكى كىتابخانلارنى توقسۇ ناھىيىسىنى تەتقىق قىلىش، ئېچىش، گۈللەندۈرۈشكە دائىر ئۇچۇرلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. بۇ كىتاب ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاممىسى ئىچىدە ئەنئەنە تەربىيىسى، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى، سوتسىيالىستىك تەربىيە ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتىكى ياخشى دەرسلىك.

ئابدۇرۇپ ئېلى

«ئونسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى» (ئۇيغۇرچە) بۇ كىتاب ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتىنىڭ تەرجىمىگە ئۇيۇشتۇرۇشى، تەكشۈرۈپ بېكىتىشى ئارقىلىق، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1999 - يىل 10 - ئايدا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. باش مۇھەررىرى ئابدۇرۇپ ئېلى. بۇ كىتابتا 32 قىسىم، 180 باب، 536 پاراگراف تەسىس قىلىنغان، باشلىنىش چېكى شەيئىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدىن باشلانغان، ئاخىرقى چېكى 1990 - يىلنىڭ ئاخىرىدا توختىتىلغان. بۇ تەزكىرە كىتابى ئونسۇ ناھىيىسىدىكى ھەر قايسى ساھە، ھەر قايسى كەسىپلەرنىڭ تارىخى ۋە تەرەققىيات ئەھۋالىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ ئىلمىي تەدبىر بەلگىلىشىنى ئاساسلار بىلەن تەمىن ئەتكەن، ھەر ساھە زاتلىرىنىڭ ئونسۇنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالىنى چۈشىنىشى، ئېچىش، گۈللەندۈرۈش ۋە ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىشى ئۈچۈن ئىشەنچلىك ئۇچۇر يولى ئېچىپ بەرگەن. بۇ كىتاب ياشلار، ئۆسمۈرلەرگە ۋەتەنپەرۋەرلىك، سوتسىيالىزم، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتىكى ياخشى دەرسلىك.

ئابدۇرۇپ ئېلى

«قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى تەزكىرىسى» بۇ كىتاب 1999 - يىل 10 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، باش مۇھەررىرلىرى يۈ جىيۇ، لى يى. كىتاب خەنزۇچە خەت ھېسابىدا 900 مىڭ خەتتىن ئاشىدۇ، ئومۇمىي بايان، چوڭ ئىشلار، كەسىپلەر تەزكىرىسى ۋە قوشۇمچىدىن تەركىب تاپقان، بۇنىڭ ئىچىدە كەسىپلەر تەزكىرىسى قىسمىدا 8 قىسىم، 55 باب تەسىس قىلىنغان. باشلىنىش چېكى چەكلەنمىگەن، ئاخىرقى چېكى ئايرىملىرىدىن باشقىلىرىنىڭ 1990 - يىلنىڭ ئاخىرىدا توختىتىلغان. قوشۇمچىگە 1991 — 1998 - يىللاردىكى ناھىيە بويىچە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئەھۋالى كىرگۈزۈلگەن. كىتابنىڭ تۈزۈلۈشى مۇۋاپىق، مەزمۇنى مول، ماتېرىيالى چىن، قەدىمكى

ئىخچام، ھازىرقىسى تەپسىلىي بولۇش، قەدىمكىسى بىلەن ھازىرقىسىنى باغلاش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىنىپ، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي شەرت - شارائىتىدىكى ئۆزگىرىشلەر بىلەن ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە تەرەققىيات تومۇرى سىستېمىلىق، ئومۇمىيۈزلۈك، توغرا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ تەزكىرە كىتابىنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكى قويۇق، گۇمانىتارلىق ئالاھىدىلىكى روشەن، كىتابخانلار بۇنىڭدىن بوستانلىقتىكى يىپەك يولى مەدەنىيىتىنى، مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىنى ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە قارشى تۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش كۈرىشىنىڭ مۇساپىسىنى كۆرۈۋالايدۇ.

جالڭ چۈەن

«كۈيتۇڭ شەھىرى تەزكىرىسى» بۇ كىتاب 1999 - يىلى 11 - ئايدا جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، باش مۇھەررىرى ۋېن زىمىڭ، مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى فەن شىچۈن. كىتاب خەنزۇچە خەت ھېسابىدا 948 مىڭ خەت كېلىدۇ، باشلىنىش چېكى شەيئىلەرنىڭ پەيدا بولغان ۋاقتىنى ئاساس قىلغان، ئاخىرقى چېكى 1995 - يىلدا توختىتىلغان، «شەخسلەر» قىسمىدا بۇ چەك بۇزۇۋېتىلگەن. كىچىك قىسىملىق قۇرۇلما قوللىنىلىپ 30 قىسىملىق تارماق تەزكىرە تەسىس قىلىنغان، ئاخىرقى چېكى بىلەن كىتابتىكى بايان كەمتۈكلىكىنى تولۇقلاش ئۈچۈن «چەك سىرتىدىكى تاللانمىلار» تەسىس قىلىنغان. بۇ كىتاب كۈيتۇڭنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى، تەبىئىي مۇھىتى، ھەربىي يىلەرنىڭ بوزيەر ئېچىشى، شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇشى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، گۇمانىتارلىق، سىياسەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالىنى سىستېمىلىق، ئومۇمىيۈزلۈك بايان قىلىپ بەرگەن. بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش جەڭچىلىرى ۋە شەھەردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇپ ۋە ئۆزگەرتىپ، مەدەنىيلىك ياراتقانلىقىغا دائىر ئۇلۇغۋار نەتىجىلىرىنى نۇقتىلىق گەۋدىلەندۈرگەن. كىتابتىكى ماتېرىياللار چىن، تىلى ئىخچام ھەم چۈشىنىشلىك، بۇ كىتاب قولۇڭدا بولسىلا، شەھەر ئەھۋالىنى چۈشىنەلەيسەن. بۇ كىتاب رەھبەرلەرنىڭ تەدبىر بەلگىلىشىنى ئاساس بىلەن، مۇتەخەسسىس، ئالىملارنى مول تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن، ماائارىپ تارماقلىرىنى يەرلىك دەرسلىك بىلەن، دۆلەت سىرتىدىكىلەرنى كۈيتۇڭنى چۈشىنىدىغان كۆزنەك بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

جالڭ چۈەن

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. مالىيە تەزكىرىسى» بۇ كىتاب 1999 - يىلى 11 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، باش مۇھەررىرى گۇاڭ جىنيۇ. كىتاب خەنزۇچە خەت ھېسابىدا 730 مىڭ خەت بولۇپ، ئومۇمىي بايان، چوڭ ئىشلار، مالىيە كىرىمى، مالىيە چىقىمى، مالىيە باشقۇرۇش، مالىيە مائارىپى، پەن تەتقىقات ۋە ئىلمىي جەمئىيەت، ئاپپارات، خادىملار ھەمدە قوشۇمچە قاتارلىق 8 قىسىمغا بۆلۈنگەن. باشلىنىش چېكى غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ شېنجۆ 2 - يىلى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 60 - يىلى) دىن باشلاپ يېزىلغان، ئاخىرقى چېكى 1985 - يىلدا توختىتىلغان، ئۇنىڭدىن باشقا «1986 ~ 1990 - يىللاردىكى شىنجاڭ مالىيىسىگە دائىر چوڭ ئىشلار «قوشۇمچە» گە كىرگۈزۈلگەن. كىتابتىكى ماتېرىياللار مول ھەم چىن بولۇپ، شىنجاڭ مالىيە ئىشلىرىنىڭ پەيدا بولۇش، راۋاجلىنىش تارىخىنى ۋە ھازىرقى ئەھۋالىنى سىستېمىلىق، ئومۇمىيۈزلۈك، ئوبيېكتىپ بايان قىلغان ۋە ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. بۇنىڭ ئىچىدە سانلىق مەلۇماتقا ئىگە ماتېرىياللارنى زور تۈركۈمدە ئىشلىتىش — بۇ كىتابنىڭ بىر ئارتۇقچىلىقى ھېسابلىنىدۇ، بۇ كىتاب — ئىلمىي قىممىتى ۋە قوللىنىش قىممىتى بىر قەدەر يۇقىرى، ماتېرىيال قىممىتىگە ئىگە ئەسەردۇر.

ليۇ شىڭ

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى سانائىتى تەزكىرىسى» بۇ كىتاب 1999 - يىلى 12 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، باش مۇھەررىرى فاڭ جيۈەن، كىتاب خەنزۇچە خەت ھېسابىدا 1 مىليون 150 مىڭ خەت. بۇ كىتابتا شىنجاڭنىڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى سانائىتىنىڭ بارلىققا كېلىش، راۋاجلىنىپ زورىيىش تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى سىستېمىلىق، توغرا، ئومۇمىيۈزلۈك بايان قىلىنغان. باشلىنىش چېكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭ 1 - يىلى (1909 - يىلى) دىن باشلاپ بايان قىلىنغان، ئاخىرقى چېكى 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا توختىتىلغان، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى قۇرۇلۇشى، توك تارقىتىش، توك بىلەن تەمىنلەش، توك ئىشلىتىش، توك تورىنى تەڭشەش، بىخەتەرلىكنى قوغداش، پەن - تېخنىكا ۋە مائارىپ، رېمونت قىلىش - ياساش ۋە كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش، باشقۇرۇش، پارتىيە، ئاممىۋى تەشكىلاتلار خىزمىتى، قوشۇمچە قاتارلىق جەھەتلەردىن شىنجاڭنىڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى خىزمىتىنىڭ شىنجاڭنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە خەلق تۇرمۇشىدا جارى قىلدۇرغان مۇھىم رولىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. كىتابتىكى ماتېرىياللار مول ھەم چىن بولۇپ، شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان، ھازىرقى زامان سانائەت تەرەققىيات تارىخىدا ئاز ئۇچرايدىغان ماتېرىيال قىممىتىگە ئىگە ئەسەردۇر.

ليۇ شىڭ

## «شىنجاڭ يىلنامىسى» مەملىكەت بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى

«شىنجاڭ يىلنامىسى» (1999 - يىللىق نەشرى) نىڭ خەنزۇچىسى 1999 - يىلى 11 - ئايدا 2 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك يەرلىك يىلنامىلارنى باھالاپ مۇكاپاتلاشتا 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بۇ قېتىمقى باھالاپ مۇكاپاتلاشنى مەملىكەتلىك يىلنامە تەتقىقات جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان. بۇ — «شىنجاڭ يىلنامىسى» 1985 - يىلى نەشر قىلىنغاندىن بۇيان تۇنجى قېتىم مەملىكەت بويىچە كاتتا مۇكاپاتقا ئېرىشىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

شىن جيەن

# ئارخىپچىلىق

## ئارخىپچىلىق ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1. ئاساسىي قۇرۇلۇش.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ئارخىپچىلىق كەسپىي خىراجىتى 1 مىليون 190 مىڭ يۈەن (بىڭتۇەن بۇنىڭ سىرتىدا) گە، ئارخىپ ئامبىرى كۆلىمى 120 مىڭ 517 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگانلار ۋە چوڭ كارخانا ئارخىپ تارماقلىرى يېڭىدىن 258 كومپيۇتېر، 122 نۇسخىئالغۇ سېتىۋالدى، باشقا زامانىۋى ئۈسكۈنىلەرنىمۇ كۆپەيتتى. ھەر دەرىجىلىك ئارخىپچىلىق مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرى، تۈرلۈك ئارخىپخانىلار، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگانلار ھەمدە چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلارنىڭ ئارخىپ تارماقلىرىدىكى خادىملار ئىچىدە ئالىي مائارىپ تەربىيىسى ئالغانلار %33نى، ئارخىپچىلىق كەسپى بويىچە ئالىي مائارىپ تەربىيىسى ئالغانلار %9نى ئىگىلىدى. 1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئارخىپچىلىق كەسپىي سىستېمىسى باھالاش ھەيئىتىنىڭ باھالىشى ئارقىلىق 93 كىشىنىڭ ئارخىپچىلىق كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانى باھالاندى ۋە ئۇلار تەكلىپ قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە كاندىدات ئارخىپ تەتقىقاتچىسى 13، مەسئۇل باشقۇرغۇچى 58.

2. كەسپىي خىزمەت.

1999 - يىل 12 - ئايدا ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 15 - قېتىملىق يىغىنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئارخىپ قانۇنى› نى يولغا قويۇش چارىسى» نى ماقۇللىدى. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك، تۈرلۈك ئارخىپخانىلار، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگانلارنىڭ، چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلارنىڭ ئارخىپ تارماقلىرى قوبۇل قىلغان ئارخىپ 376 مىڭ 958، ئۈن، سىن، فىلىم ئارخىپى 2626، سۈرەت ئارخىپى 41 مىڭ 601، ئەسلى خەرىتە 155 مىڭ 302، ئېلېكترونلۇق ئارخىپ 15. ش ئۇ ئا ر ئارخىپ ئىدارىسى ئورگان ئارخىپىنى، كارخانا ئارخىپىنى باشقۇرۇش، ئارخىپخانىلارنى نىشانلىق باشقۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ چىڭ تۇتتى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايوندىكى 205 ئىدارە، ئورۇن دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئارخىپ خىزمىتىنى خەلقئارالىق باشقۇرۇشتا ئىلغارلىق ئۆلچىمىگە يەتتى. 185 ئورۇن، ئىدارە ئارخىپ خىزمىتىنى خەلقئارالىق باشقۇرۇشتا ئاپتونوم رايوننىڭ 1 - دەرىجىلىك ئۆلچىمىگە يەتتى. 17 كارخانا ئارخىپلارنى نىشانلىق باشقۇرۇشتا دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك ۋە ئۇلكە، مىنىستىرلىك دەرىجىلىك ئورۇن قىلىپ ئۆستۈرۈلدى. 2 يەن - تېخنىكا كەسپىي ئورنى ئارخىپ خىزمىتىنى خەلقئارالىق باشقۇرۇشتا ئۇلكە، مىنىستىرلىك دەرىجىلىك ئورۇن قىلىپ بېكىتىلدى، بىر ئارخىپخانا ئارخىپ خىزمىتىنى نىشانلىق باشقۇرۇشتا ئاپتونوم رايون بويىچە 1 - دەرىجىلىك ئورۇن قىلىپ ئۆستۈرۈلدى.

3. ئارخىپتىن پايدىلىنىش خىزمىتى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئارخىپ تارماقلىرى ئارخىپلارنى ئاپتونوم رايوننىڭ تۈرلۈك كەسپلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇردى. مەلۇماتقا قارىغاندا، ئاپتونوم رايوننىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرى ئۈچۈن 135 مىڭ 372 ئادەم (قېتىم) گە 735 مىڭ 148 جىلد (قېتىم) ئارخىپ، 20 مىڭ 380 ئادەم (قېتىم) گە 31 مىڭ 197 توپلام (قېتىم) ماتېرىيال يەتكۈزۈپ بېرىلگەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ۋە تۈرلۈك ئارخىپخانىلار ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى 87 مىڭ 574 جىلد (قېتىم) ئارخىپ بىلەن تەمىنلىگەن. خىزمەت ئۈچۈن 380 مىڭ 158 جىلد (قېتىم)، تارىخ يېزىش، تەزكىرە تۈزۈش ئۈچۈن 101 مىڭ 201 جىلد (قېتىم)، تەشۋىقات - تەربىيە ئۈچۈن 287 جىلد (قېتىم)، ئىلمىي تەتقىقات ئۈچۈن 17 مىڭ 204 جىلد (قېتىم)، باشقىلار ئۈچۈن 51 مىڭ 574 جىلد (قېتىم) ئارخىپ كۆرۈلگەن.

يۇ شياۋنەن

## ئارخىپچىلىق سىستېمىسىدىن دۆلەتنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەن ئىلغارلار

كۇچا ناھىيىلىك ئارخىپ ئىدارىسى، قورغاس ناھىيىلىك ئارخىپ ئىدارىسى 1999 - يىل 12 - ئايدا كادىرلار مىنىستىرلىكى، دۆلەت ئارخىپ ئىدارىسى تەرىپىدىن بېرىلگەن «مەملىكەت بويىچە ئارخىپچىلىق سىستېمىسىدىكى ئىلغار

كوللېكتىپ» دېگەن نامغا ئېرىشتى. بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئارخىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى خەلچەم قاسىمغا «مەملىكەت بويىچە ئارخىپچىلىق سىستېمىسىدىكى ئىلغار خىزمەتچى» دېگەن نام بېرىلدى.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك يەرلىك باج ئىدارىسىنىڭ ئىدارە ئارخىپخانىسى بىلەن سودا ـ سانائەت بانكىسى ش ئۇ ئا ر شۆبىسىنىڭ ئىدارە ئارخىپخانىسىغا 1999 ـ يىل 12 ـ ئايدا دۆلەت ئارخىپ ئىدارىسى بىلەن مەركەز ئارخىپخانىسى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە ئارخىپچىلىق خىزمىتىدىكى مۇنەۋۋەر كوللېكتىپ» دېگەن نام بېرىلدى. ج خ نازارىتى ئىشخانىسى ئارخىپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى فەن گېيەن بىلەن خەلق بانكىسى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىسى ئۇنىۋېرسال ئارخىپ ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى چېن دۇڭگۇيغا «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ئارخىپ خىزمەتچىسى» دېگەن نام بېرىلدى.

يۈ شياۋنەن

## ئارخىپ باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلدى

1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندىكى 185 ئورۇننىڭ ئورگان ئارخىپىنى ئىشلىتىش باشقۇرۇش خىزمىتى ئاپتونوم رايوننىڭ 1 ـ دەرىجىلىك ئۆلچىمىگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگانلارنىڭ ھۆججەت، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش، ئارخىپلىرىنى باشقۇرۇش خىزمەتلىرىنى ئىشلىتىش باشقۇرۇشتا 1 ـ دەرىجىلىك ئۆلچەمگە يەتكەن ئورۇنلار: ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى، ش ئۇ ئا ر يەر باشقۇرۇش ئىدارىسى، يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ بىڭتۇەن شۆبىسى.

1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندىكى بىر ئارخىپخانا ئارخىپچىلىق خىزمىتىنى ئىشلىتىش باشقۇرۇشتا ئاپتونوم رايون بويىچە 1 ـ دەرىجىلىك ئورۇن بولدى، ئۇ بولسىمۇ قورغاس ناھىيىلىك ئارخىپخانىدىن ئىبارەت.

1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندىكى 2 پەن ـ تېخنىكا كەسپىي ئورنى ئارخىپچىلىق خىزمىتىنى ئىشلىتىش باشقۇرۇشتا ئۆلكە، مىنىستىرلىك دەرىجىلىك ئورۇن قىلىپ بېكىتىلدى، ئۇلار: ئۈرۈمچى شەھەرلىك شەھەر قۇرۇلۇشى تەتقىقات يۇرتى، قۇمۇل شەھەرلىك سەھىيە ـ يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى.

1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندىكى 17 كارخانا ئارخىپ خىزمىتىنى ئىشلىتىش باشقۇرۇشتا دۆلەت دەرىجىلىك ۋە ئۆلكە، مىنىستىرلىك دەرىجىلىك ئورۇن قىلىپ بېكىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتلىك 2 ـ دەرىجىلىك ئورۇن قىلىپ بېكىتىلگەنلەر: شىنجاڭ يول ـ كۆۋرۈك قۇرۇلۇشى باش شىركىتى، شىنجاڭ يول ـ كۆۋرۈك قۇرۇلۇشى باش شىركىتىنىڭ 2 ـ باشقارمىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 2 ـ بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى، شىنجاڭ پولات ـ تۆمۈر گۇرۇھى كوكسلاشتۇرۇش چەكلىك شىركىتى. ئۆلكە، مىنىستىرلىك دەرىجىلىك ئورۇن قىلىپ بېكىتىلگەنلەر: شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى قۇراشتۇرۇش شىركىتى، شىنجاڭ توك ئۆزىتىش ـ بېسىم ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى شىركىتى، شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى ئورۇنلاشتۇرۇش ـ خەۋەرلىشىش شىركىتى، شىنجاڭ كونېنلۇن ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ 1 ـ كاۋچۇك زاۋۇتى، 2 ـ كاۋچۇك زاۋۇتى، تۇرپان توك ئىشلىرى ئىدارىسى، شىنجاڭ پولات ـ تۆمۈر گۇرۇھى مېتال ئۈسكۈنىلەرنى قۇراشتۇرۇش شىركىتى، شىنجاڭ پولات ـ تۆمۈر گۇرۇھى سۈپەت تەكشۈرۈش باش پونكىتى، شىنجاڭ پولات ـ تۆمۈر مەكتىپى، شىنجاڭ پولات ـ تۆمۈر گۇرۇھى كىچىك تىپتىكى پولات پروكاتلاش زاۋۇتى، شىنجاڭ پولات ـ تۆمۈر گۇرۇھى ترانسپورت شىركىتى، شىنجاڭ پولات ـ تۆمۈر گۇرۇھى مېتال ئوچۇرى شۆبە شىركىتى، شىنجاڭ پولات ـ تۆمۈر گۇرۇھىغا قاراشلىق كارخانىلار شىركىتى.

لى مىن

# ئاخبارات، نەشرىياتچىلىق

## ئاخبارات

### ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

ئاپتونوم رايون بويىچە 1999 - يىلى نەشر قىلىنغان كىتابلار 2700 خىل بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 304 خىل كۆپەيدى، ئومۇمىي ترازى 74 مىليون 250 مىڭغا يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %36.13 ئاشتى؛ 98 خىل گېزىت نەشر قىلىندى، ترازى 225 مىليونغا يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %58.16 ئاشتى، باسما تاۋىقى 215 مىليون تاۋاققا يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %59.8 ئاشتى؛ 155 خىل ژۇرنال نەشر قىلىندى، ترازى 11 مىليون 360 مىڭ بولۇپ، %22.1 ئازايدى؛ ئاپتونوم رايوندىكى «شىنخۇا» كىتابخانىلىرى تارقاتقان ھەرخىل كىتاب 224 مىليونغا، تارقىتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 895 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %22.8 ئاشتى؛ ئىدارىگە بىۋاسىتە قاراشلىق باسمىچىلىق كارخانىلىرىنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 34 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ھەممە كارخانىلارنىڭ پايدىسى 16 مىليون 908 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %24.37 ئاشتى؛ باسمىچىلىق كارخانىلىرى تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە 2 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى، «شىنخۇا» كىتابخانىسى تور - نۇقتىلارنى ئۆزگەرتىشكە 2 مىليون 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى. ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر ئىلمىي ئەسەرلەرنى نەشر قىلىش فوندىغا 250 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

مۇشۇ يىلى مەملىكەت خاراكتېرلىك كىتابلارنى باھالاپ مۇكاپاتلاشتا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «ماركس، ئېنگېلسنىڭ ئىقتىسادىي ئىدىيىسى توغرىسىدىكى تەتقىقات» 7 - نۆۋەتلىك «بەش بىر قۇرۇلۇشى» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 5 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كىتابلارنى شىرازىلاش سەنئىتى كۆرگەزمىسىدە شىنجاڭ گۈزەل - سەنئەت، فوتو - سۈرەت نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئۇيغۇر دولان مۇقامى» كىتابىنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىنى لايىھىلەش بويىچە كۈمۈش مېدالغا ئېرىشتى. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە 15 ئەسەر مۇنەۋۋەر مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ دۆلەت ئاخبارات - نەشرىيات مەھكىمىسى ئۇيۇشتۇرغان دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى كىتاب كۆرگەزمىلىرى ۋە تەكشۈرۈش پائالىيەتلىرىگە 4 قېتىم ئۆمەك تەشكىللەپ قاتناشتۇرۇلدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق 2 - نۆۋەتلىك كىتاب مۇكاپاتى، تۇنجى نۆۋەتلىك قەرەللىك ژۇرناللار مۇكاپاتىنى باھالاشتا 21 كىتاب، 20 خىل قەرەللىك ژۇرنال مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ شىنجاڭ ئېلېكترون نەشرىياتى نەشر قىلغان «شىنجاڭنىڭ شانلىق 50 يىلى» ناملىق چوڭ تىپتىكى كۆپ ۋاستىلىك لازېر نۇرلۇق پلاستىنكا ئاپتونوم رايون دۆلەت قۇرۇلغانلىقىغا سوۋغا قىلغان مۇنەۋۋەر تۈر بولۇپ باھالاندى؛ شىنجاڭ پەن - تېخنىكا - سەھىيە نەشرىياتى (K) دىن سادىق مۇسا 6 - نۆۋەتلىك «تاۋ فېن» نەشر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مەتبەئەچىلىك كەسپىنى ئىنقىلاپ تەرتىپكە سېلىش ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلدى. قانۇنسىز ۋە شەرتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان 19 باسمىچىلىق كارخانىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، 12 كارخانىنىڭ ئالاھىدە ئىجازەتنامىسى قايتۇرۇۋېلىندى، 28 كارخانا ئىشتىن توختىتىپ تەرتىپكە سېلىندى. بىر قەدەر چوڭ قانۇنسىز باسمىچىلىق پائالىيەتلىرىدىن 6 سى بايقىلىپ، بىر تەرەپ قىلىندى. يىل ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايون بويىچە باسمىچىلىق كارخانىسى 646، كەسىپكار 16 مىڭ 271؛ خەت ئۈرۈش، نۇسخا ئېلىش نۇقتىسى 1157، كەسىپكار 2606، باسمىچىلىق كارخانىلىرى ئىچىدە ساپ قوغۇشۇن باسما زاۋۇتى 237. ئاپتونوم رايوندىكى 28 نازارەت، ئىدارە ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى ئىدارە، بۆلۈم، كومىتېتلار چىقارغان گېزىت، ژۇرناللار تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى، ئاپتونوم رايوننىڭ «مەركەز ، ئىككى بەلگۈلىمىسى»، 30 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئاپتونوم رايوندىكى نازارەت، ئىدارىلەرنىڭ گېزىت، ژۇرناللىرىنى تەڭشەش توغرىسىدىكى لايىھە»سى تۈزۈلۈپ، شۇ يىلى يولغا قويۇلدى.

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى ئاپتونوم رايوندىكى 9 نەشرىيات 1998 - يىلى نەشر قىلغان 39 خىل ئۈنۈۋېرسال كىتاب، 32 خىل ئوقۇتۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش ماتېرىيالىنىڭ تۈزۈلۈشى، كوررېكتورلۇق سۈپىتىنى تەكشۈردى، 1999 - يىلى ئەتىياز ۋە كۈزدە بېسىلغان ئوتتۇرا،

باشلانغۇچ مەكتەپ دەرسلىكى ۋە 1135 خىل كىتابنىڭ بېسىلىش، تۈپلىنىش سۈپىتىنى تەكشۈردى؛ ئاپتونوم رايوندىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر دەرىجىلىك گېزىتلەر، بىكىتۇەننىڭ يېزا ئىگىلىك شىلىرىنىڭ گېزىتلىرىنىڭ بېسىلىش سۈپىتىنى باھالاپ مېلىشتۇردى. 1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاخبارات، نەشرىيات ئىدارىسى «فالۇن گۇڭپىسى» غا ئائىت قانۇنسىز نەشر بۇيۇملىرىنى تەكشۈرۈپ يىغىۋېلىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى، ئاپتونوم رايون بويىچە «فالۇن گۇڭپىسى» غا ئائىت 31 مىڭ 76 قانۇنسىز كىتاب، 45 مىڭ 891 قاپ (دېسكا) ئۈن - سىن بۇيۇمى، 13 مىڭ 137 (پارچە) تەشۋىقات بۇيۇمى ۋە باشقا قانۇنسىز نەشر بۇيۇملىرى يىغىۋېلىندى.

1999 - يىلى بېكىتىلگەن ياسما زاۋۇتلار باشلىقلىرى، قەرەللىك ژۇرناللار باش مۇھەررىرلىرى، ئوفسېتلىق بېسىش (جاۋيىن) ماشىنىسى باشلىقلىرى، كەسپىي تېخنىكا خادىملارنى ئىش ئورنىدا تەربىيىلەش كۇرسى 7 قارار ئېچىلىپ، 584 ئادەم - قېتىم قاتناشتى. 6 ئادەم دۆلەت ئاخبارات، نەشرىيات مەھكىمىسى ئۇيۇشتۇرغان كەسپىي تەربىيىلەش كۇرسىغا ئەۋەتىلدى. 18 ئادەم ھەر دەرىجىلىك پارتىيە مەكتەپلىرى ۋە باشقا تەربىيىلەش كۇرسلىرىغا قاتناشتى. شۇ يىلى نەشرىياتچىلىق سىستېمىسىدا كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بويىچە 79 ئادەم ئالىي ئۇنۋان، 60 ئادەم ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋان، 8 ئادەم تۆۋەن دەرىجىلىك ئۇنۋانغا ئېرىشتى، ئالىي مەكتەپ، تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ۋە ھەربىيدىن قايتقان ۋە كەسىپ ئالماشتۇرغان ھەربىيلەردىن 37 ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

جالڭ شىنگى

## «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

تەشۋىقات، خەۋەر قىلىش

1. 1999 - يىلى لى دېڭخۇينىڭ «ئىككى دۆلەت نەزەرىيىسى» نى ئېچىپ تاشلاش ۋە تەنقىد قىلىش، «فالۇن گۇڭپىسى» دىن ئىبارەت بىدئەت تەشكىلاتنى ئېچىپ تاشلاش ۋە تەنقىد قىلىش، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ جۇڭگونىڭ يۇگوسلاۋىيە ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىغا باشقۇرۇلىدىغان بومبا بىلەن ھۇجۇم قىلغانلىقىغا قاتتىق ئېتىراز بىلدۈرۈشتىن ئىبارەت 3 قېتىملىق زور سىياسىي كۈرەشتە، «شىنجاڭ گېزىتى» توغرا جامائەت پىكرى يۆنىلىشىنى چىڭ ئىگىلەپ، جۇڭخۇانى سۆيۈش، جۇڭخۇانى قۇدرەت تاپقۇزۇشتىن ئىبارەت ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى كۈچەيتىش، ماركسىزملىق ماتېرىيالىزم، ماركسىزملىق ئاتېزم نەزەرىيىسى ۋە ئىلىم - پەن روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، فېئودال - خۇراپاتلىق تەربىيىسىگە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش تەربىيىسى دولقۇنىنى قوزغىدى.

ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى جۇڭگونىڭ يۇگوسلاۋىيە ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىغا باشقۇرۇلىدىغان بومبا بىلەن ھۇجۇم قىلدى، 3 ئاخبارات خىزمەتچىسى قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى. «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ ھەرخىل يېزىقتىكى نۇسخىلىرىدا جياڭ زېمىن باش شۇجى قاتارلىق دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ بۇ ئىش توغرىسىدا قىلغان مۇھىم سۆزى كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىندى، ھۆكۈمىتىمىزنىڭ كەسكىن باياناتى ۋە پرىنسىپال مەيدانى تەشۋىق قىلىندى، مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايوندىكى كەڭ خەلق ئاممىسى، ھەر ساھە زاتلىرىنىڭ شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ زوراۋانلىقىغا بىلدۈرگەن كۈچلۈك قارشىلىقى، قاتتىق ئېتىرازى ۋە قاتتىق غەزەپ - نەپرىتى كۆپلەپ تەشۋىق قىلىندى. بارلىق ئاخبارات ئورۇنلىرىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك ئاساسىي مېلودىيىسى تەشۋىق قىلىنىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش قىزغىنلىقىنى قوزغىتىشتا ياخشى جامائەت پىكرى مۇھىتى يارىتىلدى، لى دېڭخۇينىڭ «ئىككى دۆلەت نەزەرىيىسى» ۋە «فالۇن گۇڭپىسى» نى پاش قىلىش ۋە تەنقىد قىلىش ئەھۋالىنى تەشۋىق قىلىش ۋە خەۋەر قىلىشتا، ھەرخىل يېزىقتىكى گېزىتلەرمۇ مەركەزلەشتۈرۈپ تەشۋىق قىلىپ، بىر قەدەر ياخشى تەشۋىقات ئۈنۈمىگە ئېرىشتى.

2. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى ۋە ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلگەن چوڭ تەبرىكلەش پائالىيىتى تەشۋىق قىلىنىپ ۋە خەۋەر قىلىنىپ، خۇشاللىق بىلەن كۈتۈۋېلىش، يۇقىرىغا ئۆرلەش، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت ياخشى تەشۋىقات كەيپىياتى يارىتىلدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش جەھەتتىكى تەشۋىق قىلىش، خەۋەر قىلىش خىزمىتى 8 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن 10 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە داۋاملاشتى، «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ ھەرخىل يېزىقتىكى نۇسخىلىرىدا 50 يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي، پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە قولغا كەلتۈرگەن شانلىق نەتىجىلىرى مەركەزلىك تەشۋىق قىلىنىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە قىلغان غەمخورلۇقى، مەملىكەتتىكى ھەر قايسى جايلارنىڭ شىنجاڭغا قىلغان ياردىمى ۋە مىللىي رايونلاردىكى ئاپتونومىيە سىياسىتىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى تولۇق نامايان قىلىندى.

ئاۋۇمىنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكى ۋە يېڭى ئەسىرنى كۈتۈۋېلىش توغرىسىدىكى تەشۋىقاتمۇ خېلى داغدۇغىلىق بولدى.

3. مەملىكەت بويىچە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى ۋۇ دېگىيۇندىن ئىبارەت چوڭ تېمىنى تەشۋىق قىلىش جەريانىدا، «شىنجاڭ گېزىتى» پارتىيە گېزىتىنىڭ «باشلامچى» بولۇش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئەمەلىي ئۇنۇمگە ئېتىبار بېرىپ، كۆڭۈل قويۇپ پىلانلاپ، گېزىتنىڭ خىلمۇ خىل ئاخبارات ۋاسىتىلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ، قۇدرەتلىك زور تەشۋىقات كۈچىنى شەكىللەندۈردى. تولۇقسىز مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، «شىنجاڭ گېزىتى» تەھرىرلەپ ئېلان قىلغان ھەر خىل يېزىقتىكى ماقالە، چاتما رەسىم، رەسىملەر 300 پارچىغا يېقىن بولۇپ، 60 بەتچە كېلىدۇ. بۇ «شىنجاڭ گېزىتى» تارىخىدا مىسلىسىز بىر ئىش.

4. ئاخبارات ئۇچۇرلىرىنى كۆپەيتىش، گېزىتنىڭ نوپۇزىنى، ئوقۇشچانلىقىنى كۈچەيتىش، 1 - دەرىجىلىك قوشۇن تەربىيىلەپ، چوڭ گېزىت سالاپىتىنى يېتىلدۈرۈشتىن ئىبارەت ئومۇمىي تەپەككۇر ۋە نىشانى ئاساس قىلىنىپ، «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ خەنزۇچە نۇسخىسى ئالدى بىلەن ئىسلاھ قىلىنىپ، گېزىتنىڭ قىياپىتىدە زور ئۆزگىرىش بارلىققا كەلدى، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئىنكاسى ياخشى بولدى. مىللىي يېزىقتىكى نۇسخىلىرىمۇ پائال تەييارلىق كۆرۈپ، گېزىت بەتلىرىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئاخباراتنى كۆپەيتىپ، مەخسۇس بەتنى قىسقارتىپ، بىر قىسىم سەھىپىلەرنى تەڭشىدى، گېزىتنىڭ ئوقۇشچانلىقىنى ئاشۇردى. ئۇيغۇرچە، قازاقچە «پايدىلىنىش خەۋىرى»نىڭ تەھرىر ۋە تەرجىمە قىلىنىدىغان ماقالە مەنبەسى كېڭەيتىلىپ، ئۇچۇر كۆپەيتىلىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

5. قوشۇمچە گېزىت، قوشۇمچە ژۇرناللاردا يېڭى قىياپەت بارلىققا كەلدى. «شىنجاڭ رەسىملىك ژۇرنىلى» ئاپتونوم رايوننىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش جەريانىدا قولغا كەلتۈرگەن چوڭ نەتىجىلىرى ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى كۈچەيتتى. بىر قىسىم يېڭى سەھىپىلەرنى ئاچتى، ئۇ مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى تەشۋىق قىلىشقا ماسلاشتى، يەنە ژۇرنالدىكى فوتو - سۈرەتلەرنىڭ ئوبزارلىق ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈردى. «ھازىرقى زامان خەۋەرلىرى» شىنجىن ئالاھىدە رايونى گېزىتچىلىك گۇرۇھى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ چىقىرىلىپ، شىنجىن ئالاھىدە رايونى گېزىتچىلىك گۇرۇھى بۇ ژۇرنالنى ئاساسلىق باشقۇرىدىغان ئورۇنلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى، ئۆزلىگە ھالقىغان ئاخبارات ۋاسىتىلىرىنى بىرپا قىلىپ، ئۆزئارا ئەۋزەللىكلىرىنى تولۇقلاپ، قول تۇتۇشۇپ ژۇرنال چىقىرىشتا ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى. «شىنجاڭ مەركىزى شەھەر گېزىتى» تىرىشىپ كۈرەش قىلىش ئارقىلىق، خىلمۇخىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، دەسلەپكى قەدەمنى پۇختا دەسسەپ، 1 - يىلدىكى خىزمەت نىشانىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇردى.

گېزىت - ژۇرناللارنى تارقىتىش ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش ئەھۋالى

ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە، موڭغۇلچە يېزىقتىكى «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە تىراژى 149 مىڭ 100 نۇسخىغا؛ ئۇيغۇرچە، قازاقچە «پايدىلىنىش خەۋىرى»نىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە تىراژى 11 مىڭ 700 نۇسخىغا؛ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە «شىنجاڭ رەسىملىك ژۇرنىلى»نىڭ 4092گە يەتتى.

يىللىق ئېلان كىرىمى 24 مىليون 670 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 9.79% ؛ باسما زاۋۇتنىڭ ياراتقان پايدىسى 5 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 39.45% ئاشتى.

خەن شىڭخۇا

## «شىنجاڭ گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ مەملىكەتلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىش ئەھۋالى

خېنەن ئۆلكىسىنىڭ خېيكۇ شەھىرىدە 1999 - يىل 4 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن «خەلق گېزىتى» ۋە ئۆلكىلىك، شەھەرلىك، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئورگان گېزىتلىرىنىڭ 1998 - يىللىق نادىر ئىچكى پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىنى باھالاشتا، «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ مۇخبىرى نەن شياڭخۇڭنىڭ «شىنجاڭ ياۋا ئات كۆپەيتىش مەركىزىنىڭ خىراجىتى ئۈزۈلۈپ قالغانلىقتىن خىزمەتنى داۋاملاشتۇرۇش تەسكە توختىدى» دېگەن ماقالىسى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ جاڭ لىشۈننىڭ «ئۈرۈمچىدىكى 'يېزا ئىگىلىك نوپۇسىدىن غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسىغا ئۆزگەرگەن 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى باشقۇرىدىغان ئورۇن يوق» دېگەن ماقالىسى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

لياۋنىڭنىڭ ئەنشەن شەھىرىدە 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئۆلكە دەرىجىلىك پارتىيە گېزىتلىرى ئاخبارات مۇكاپاتىنى باھالاشتا، «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ مۇخبىرى جاڭ شياۋيەننىڭ «تارىم دەرياسى يەنە قەرگىچە ئېقىپ بارالايدۇ» ناملىق خەۋىرى، لى ياڭنىڭ «باش شۇجى مەشرەپ كۆيىندى» ناملىق سۈرىتى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ ئەي مىننىڭ «جاڭ بىڭشۇ ۋە ئۇنىڭ 97' چوڭ



ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ لېجۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت، جاڭ ۋېنيۈ، ۋۇ دۇنفۇلار 1999 - يىل 12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، «شىنجاڭ گېزىتى» چىقىرىلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلىدى.

دا. زوركىتاي فوتوسى

ئىشلار ئالبومى» ناملىق تەپسىلىي خەۋىرى، جۇ بىيىننىڭ «5 مىليارد يۈەنلىك سۇ بىلەن كىمنىڭ ئېتىزى سۇغىرىلدى» ناملىق خەۋىرى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ جىن چۈەننىڭ «دېھقان دېلى شيۇلەن قانۇن توغرىسىدا كۆڭۈلدىكى گەپلىرىنى ئېيتتى» ناملىق خەۋىرى، ۋاڭ دىڭگۈيىنىڭ «زىيالىي ياشلار پېشقەدەم ئەترەت باشلىقىنى ئۇنتۇپ قالماي مەبلەغ ئىئانە قىلىپ ئۆي سېلىپ بېرىپ، چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببىتىنى ئىپادىلىدى» ناملىق خەۋىرى، كاڭ پىڭنىڭ «باش شۇجى شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى تۇرغان جايغا كەلدى» ناملىق خەۋىرى، دا. زور كىتاينىڭ «ئاددىي ئورۇندا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇش» ناملىق مەخسۇس تېمىدىكى سۈرىتى، لى پېيفېڭنىڭ «ئاجىز بالىلار — ھەممەيلەن كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك تېما» ناملىق سۈرىتى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

10 - ئاينىڭ 25 -كۈنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن 9 - نۆۋەتلىك جۇڭگو ئاخبارات مۇكاپاتىنى باھالاشتا، «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ مۇخبىرى جياڭ يىفېڭ، پېڭ ۋېنمىڭ، تۇ شىنگونىڭ «پامىر ئوغلى — ۋۇ دېڭيۈن» ناملىق خەۋىرى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ جاڭ شياۋيەننىڭ «تارىم دەرياسى قەيەرگىچە ئېقىپ بارالايدۇ»، كۇاڭ جيەننىڭ «ئورۇقنى خاتا ئېلىۋالغان دېھقان، سىز قەيەردە؟» ناملىق خەۋىرى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ جياڭ يىفېڭنىڭ «مىللىي رايونلارنىڭ ئاخبارات تارقىتىش خىزمىتىگە دائىر بىر قانچە مەسىلە ئۈستىدە ئىزدىنىش» ناملىق ئىلمىي ماقالىسى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

خەن شىڭخۇا

## «شىنجاڭ گېزىتى» چىقىرىلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى خاتىرىلەندى

1000 دىن ئارتۇق پېشقەدەم ۋە يېڭى ئاخبارات خىزمەتچىسى 1999 - يىل 12 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئۈرۈمچىدە «شىنجاڭ گېزىتى» چىقىرىلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلىدى.

يىغىندا ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قېيۇم باھاۋۇدۇن مۇھىم سۆز قىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋۇ دۇنفۇ، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن كومىسسارى ۋاڭ ۋېيجېن، بىڭتۇەن پارتكومىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى خۇا شىفېي يىغىنغا بېرىپ تەبرىكلىدى. قېيۇم باھاۋۇدۇن قاتارلىق رەھبەرلەر «شىنجاڭ گېزىتى» چىقىرىلىشقا باشلىغان دەسلەپكى مەزگىللەردە تۆھپە یاراتقان پېشقەدەم گېزىتچىلەرگە شەرەپ گۇۋاھنامىسى تارقاتتى.

شىنجاڭ ھەربىي رايونى، بىڭتۇەن، ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرى، قوراللىق ساقچى قىسىملىرى شىنجاڭ باش ئەترىتى ۋە ئاپتونوم رايوندىكى مۇناسىۋەتلىك بۆلۈم، كومىتېت، ئىشخانا، نازارەت، ئىدارىلەرنىڭ رەھبەرلىرىمۇ خاتىرىلەش يىغىنىغا قاتناشتى.

خەن شىڭخۇا

## كەسپىي گېزىتلەر، كارخانا گېزىتلىرىنىڭ 10 - نۆۋەتلىك تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى

ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ش ئۇ ئا ر ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى، مۇخبىرلار جەمئىيىتى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان، «شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتى» ئىدارىسى ئۈستىگە ئالغان كەسپىي گېزىتلەر، كارخانا گېزىتلىرىنىڭ 10 - نۆۋەتلىك تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى 1999 - يىل 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 16 - كۈنىگىچە كورلا شەھىرىدە ئېچىلدى.

يىغىندا ئاخبارات تەشۋىقاتىغا ئائىت ھۆججەت يەتكۈزۈلۈپ، سىياسىئونلار گېزىت چىقىرىش ئىدىيىسىۋى پرىنسىپىدا قانداق قىلغاندا چىڭ تۇرغىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا تەجرىبە ئالماشتۇرۇلدى. گېزىتچىلىكنى باشقۇرۇشقا دائىر ھۆججەتلەر يەتكۈزۈلۈپ، گېزىتچىلىكنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچىنى ئاشۇرۇش، ئىگىلىكنى باشقۇرۇشنى چىڭ تۇتۇش، توغرا جامائەت پىكرى يۆنىلىشىنى ئىگىلەش قاتارلىق جەھەتلەردە تەجرىبە ئالماشتۇرۇلۇپ، كەسپىي گېزىتلەر، كارخانا گېزىتلىرى بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا تېخىمۇ تېز ماسلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىندى.

شىن جى

## ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر (شى) گېزىتلىرى خىزمىتى بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى

ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى، مۇخبىرلار جەمئىيىتى، مەتبەئەچىلەر جەمئىيىتى بىرلىشىپ ئۇيۇشتۇرغان، ئىلى گېزىتى رېداكسىيىسى ئۈستىگە ئالغان 99' ئاپتونوم رايوندىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر (شى) گېزىتلىرى خىزمىتى بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى 1999 - يىل 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە غۇلجا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر (شى) لەردىكى 40 تىن ئارتۇق ئاخبارات ئورۇنلىرى، باسما زاۋۇتلىرىنىڭ 130 تىن ئارتۇق ۋەكىلى يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا توغرا جامائەت پىكرى يۆنىلىشىدە قانداق قىلغاندا چىڭ تۇرغىلى بولىدىغانلىقى، پارتىيە گېزىتىنىڭ كەسكىن گېزىتچىلىك رىقابىتىگە قانداق تاقابىل تۇرالايدىغانلىقى توغرىسىدا مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى. يىغىندا باسما سۈپىتى ياخشى دەپ باھالانغان گېزىتلەر تەقدىرلەندى.

### قوشۇمچە

باسما سۈپىتى ياخشى گېزىتلەرنىڭ ئىسىملىكى:

خەنزۇچە يېزىقتىكى گېزىتلەر: «بايىنغولىن گېزىتى»، «تارىم نېفىت گېزىتى»، «ئالتاي گېزىتى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، «سانجى گېزىتى»، «خوتەن گېزىتى»، «تارىم گېزىتى».

مىللىي يېزىقتىكى گېزىتلەر: «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» (ئۇيغۇرچە نۇسخىسى)، «خوتەن گېزىتى» (ئۇيغۇرچە نۇسخىسى)، «بايىنغولىن گېزىتى» (موڭغۇلچە نۇسخىسى)، «بايىنغولىن گېزىتى» (ئۇيغۇرچە نۇسخىسى).

شىن جى

## شىنجاڭ ئاخباراتچىلىرى ۋەكىللەر ئۆمىكى شياڭگاڭ، ئاۋمېننى زىيارەت قىلدى

ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن ش ئۇ ئا ر ئاخباراتچىلار جەمئىيىتى تەشكىللىگەن، ئاپتونوم رايوندىكى 11 ئاخبارات ئورنىدىكى 17 ئادەمدىن تەشكىللەنگەن شىنجاڭ ئاخباراتچىلىرى ۋەكىللەر ئۆمىكى 1999 - يىل 11 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ 4 - كۈنىگىچە شياڭگاڭ، ئاۋمېن ئالاھىدە رايونلىرىغا بېرىپ تەكشۈرۈش ۋە زىيارەتتە بولدى. بۇ ئاپتونوم رايونىڭ ئاخباراتچىلىق ساھەسىدە ئۆمەك تەشكىللەپ شياڭگاڭ، ئاۋمېننى تۇنجى قېتىم زىيارەت قىلىشى ھېسابلىنىدۇ.

شىن جى

## ئاپتونوم رايون بويىچە 20 مۇنەۋۋەر ئاخبارات خىزمەتچىسى

ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، شىنجاڭ مۇخبىرلار جەمئىيىتى تەشكىللىگەن 3 - نۆۋەتلىك ئاپتونوم رايون بويىچە 20 مۇنەۋۋەر ئاخبارات خىزمەتچىسىنى باھالاش پائالىيىتى 1999 - يىل 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 20 مۇنەۋۋەر ئاخبارات خىزمەتچىسىنىڭ ئىسىملىكى تۆۋەندىكىچە:

فۇ چاۋ (خوتەن رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدىن)، لياڭ شىنمىن («جۇڭغار ۋاقىت گېزىتى» ئىدارىسىدىن)، يۈ ۋېنشېڭ («شىنجاڭ بىڭتۇەن گېزىتى» ئىدارىسىدىن)، دۇ شىنگو («شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدىن)، لى زۇڭشياۋ («ئۈرۈمچى رادىئو - تېلېۋىزىيە گېزىتى» ئىدارىسىدىن)، مېڭ چېڭشىن («بىڭتۇەن گېزىتى» ئىدارىسىدىن)، لياڭ سۇڭ (شىخەنزە خەلق رادىئو ئىستانسىسىدىن)، جۇ قېڭيۇ («شىنجاڭ نېفىت گېزىتى» ئىدارىسىدىن)، لياۋ خۇڭۋېي (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىدىن)، جۇ جياڭ (ئۈرۈمچى سىملىق رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن)، ليۇ بىڭ («ئىلى گېزىتى» ئىدارىسىدىن)، شېڭ فېڭتيەن (شىنجاڭ ئىقتىساد تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن)، جاڭ تاۋ («ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» ئىدارىسىدىن)، لى چى («تۇرپان گېزىتى» ئىدارىسىدىن)، دولقۇن ھوشۇر («خوتەن گېزىتى» ئىدارىسىدىن)، غەيرەت ئابدۇللا («شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدىن)، ئۆمەرجان (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىدىن)، سادەتگۈل (قۇمۇل خەلق رادىئو ئىستانسىسىدىن)، گۈلنار (تارباغاتاي خەلق رادىئو

ئىستانىسىدىن) ، ئوسىرجاب («شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدىن) .

شىن جى

## مەملىكەتلىك 10 - نۆۋەتلىك كىتاب بازىرىغا قاتنىشىش ئەھۋالى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو - سۈرەت نەشرىياتى، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا - سەھىيە نەشرىياتى (K) ، ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر (ناھىيە) لەردىكى «شىنخۇا» كىتابخانىلىرى ۋە پەسىللىك 3 ژۇرنال رېداكسىيىسى ئۆمەك تەشكىللەپ 1999 - يىل 9 - ئايدا چاڭشادا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك 10 - نۆۋەتلىك كىتاب بازىرىغا قاتناشتى. ئېكىسپوزىتسىيىگە قاتناشتۇرۇلغان كىتاب 838 خىل، قىممىتى 2 مىليون 760 مىڭ يۈەن.

شىنفا

## تۇنجى نۆۋەتلىك قەرەللىك ژۇرناللار مۇكاپاتىنى باھالاش ئەھۋالى

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك قەرەللىك ژۇرناللار مۇكاپاتىنى باھالاشنى ئۇيۇشتۇردى، جەمئىي 20 خىل قەرەللىك ژۇرنال شىنجاڭ بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك قەرەللىك ژۇرناللار مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكىلىرى: «تارىم غۇنچىلىرى» (ئۇيغۇرچە، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى) ؛ «تەڭرىتاغ» (ئۇيغۇرچە، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى) ؛ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئۇيغۇرچە، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى) ؛ «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» (خەنزۇچە، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى) ؛ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (قازاقچە، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى) ؛ «شىنجاڭ ياشلىرى» (ئۇيغۇرچە، ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى) ؛ «دۇنيا ئەدەبىياتى» (ئۇيغۇرچە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى) ؛ «بوستانلىق» (خەنزۇچە، شىنجاڭ بىڭتۇەن ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى) «ھازىرقى زامان خەۋەرلىرى» (خەنزۇچە، ش ئۇ ئا ر مۇخبىرلار جەمئىيىتى، «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى) ؛ «ھەمراھ» (خەنزۇچە، ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى) ؛ «چېگرا مۇداپىئە تۇرمۇشى» (خەنزۇچە، شىنجاڭ ج خ چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى) ؛ «شوقلا» (قازاقچە، ش ئۇ ئا ر يازغۇچىلار بىرلەشمىسى) ؛ «تىل ۋە تەرجىمە» (موڭغۇلچە، ش ئۇ ئا ر تىل - يېزىق كومىتېتى) .

تەبىئىي پەن تۈرىدىكى قەرەللىك ژۇرناللار: «شىنجاڭ تېببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە، شىنجاڭ تېببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى) ؛ «شىنجاڭ گېئولوگىيىسى» (خەنزۇچە، شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىدارىسى) ؛ «ئىچكى قۇرۇقلۇقتىكى يەر تەۋرەش» (خەنزۇچە، ش ئۇ ئا ر يەر تەۋرەش ئىدارىسى) ؛ «شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئىلمى» (خەنزۇچە، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى) ؛ «يېزا پەن - تېخنىكىسى» (ئۇيغۇرچە، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى) ؛ «قۇرغاق رايونلار جۇغراپىيىسى» (ئۇيغۇرچە، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە ۋە جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى، جۇغراپىيە جەمئىيىتى) ؛ «ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى» (ئۇيغۇرچە، ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى) .

شىن كەن

## 1998 - يىللىق شىنجاڭ ئاخبارات مۇكاپاتىنى باھالاش ئەھۋالى

شىنجاڭ مۇخبىرلار جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان 1998 - يىللىق شىنجاڭ ئاخبارات مۇكاپاتىنى باھالاش پائالىيىتىدە، گېزىتلەردىكى 570 پارچە ئەسەر تاپشۇرۇۋېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرچە ئەسەر 114، خەنزۇچە ئەسەر 406، قازاقچە ئەسەر 31، موڭغۇلچە ئەسەر 16، قىرغىزچە ئەسەر 3 پارچە. باھالاش ئارقىلىق جەمئىي 194 پارچە ئەسەر مۇكاپاتقا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 2 پارچىسى ئالاھىدە مۇكاپاتقا، 19 پارچىسى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

### قوشۇمچە

1998 - يىللىق شىنجاڭ ئاخبارات مۇكاپاتى بويىچە گېزىتلەردىكى مۇكاپاتلانغان ئەسەرلەر:

ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەر:

«پامىر ئوغلى — ۋۇ دېڭيۈن» (تەپسىلىي خەۋەر) ، «يەرگە باغلانغان رىشتە، تەڭرىتاغقا مۇھەببەت» (تەپسىلىي خەۋەر) .

1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەر:

«5 مىليارد يۈەنلىك سۇ بىلەن كىمنىڭ ئېتىزى سۇغىرىلدى» (خەۋەر) ، «600 مىڭ ئىش ئورنى قانداق قولدىن كەتتى» (خەۋەر) ، «ئىلى ۋىلايىتىدىكى بىر تۈركۈم زوراۋان، تېررورچى ئۇنسۇر ئۆزىنى مەلۇم قىلدى» (خەۋەر) ، «شىنجاڭ ‹نوپۇزلۇقلار پېرى› نى تەرتىپكە سالدى» (خەۋەر) ،

«چىيۇ فاسىلىلىك ئۆچ ئاكا ـ سىڭىلنىڭ ھالاكىتى» (تەپسىلىي خەۋەر)، «900 سىيكۇنتلۇق ھايات ـ ماماتلىق ئېلىشىش» (خەۋەر)، «تارىم دەرياسى يەنە قەيەرگىچە ئېقىپ بارالايدۇ» (تەپسىلىي خەۋەر)، «چولڭ نىشاننى كۆزلەپ، چولڭ ئىشلارنى قىلىپ، چولڭ تەرەققىياتلارغا ئېرىشەيلى»، (باش ماقالە)، «خەلق ئىشچىسى دۇ ياڭفۇ ئۇسسۇر بالىنى قۇتقۇلدۇرۇش يولىدا قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى» (چاتما خەۋەر)، «لاياقەتسىز ئۇرۇق 69 ئائىلىلىك دېھقاننى ئىستېمالچىلار جەمئىيىتىگە باشلاپ باردى» (خەۋەر)، «كونا ئۇسۇللار ئۆزگەرتىلىپ، دېھقانلارنىڭ چېھرىگە كۈلكە يۈگۈردى» (خەۋەر)، «دۇنيا بىزدىن يىراق ئەمەس» (تەپسىلىي خەۋەر)، «تارىم دەرياسىنى قۇتقۇلدۇرۇۋالايلى» (مۇھاكىمە)، «ئوردىن تاقىغان ئاق خالاتلىق پەرىشتە (تەپسىلىي خەۋەر)، «مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلەر دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماسلىشىشى كېرەك» (مۇھاكىمە)، «مۇھەببەتكە تولغان كىشىلىك دۇنيا» (تەپسىلىي خەۋەر).

1998 ـ يىللىق شىنجاڭ ئاخبارات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن قوشۇمچە بەت ئەسەرلىرى:

«تېرەكلەر ئورمان بولۇپ، پادىچىلارنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتمەكتە (مەخسۇس زىيارەت)، «ۋەتەننىڭ تەقدىرى ۋە شەخسنىڭ مۇساپىسى» (نەسر).

شىن جى

## جۇڭگو ئاخبارات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئەسەرلەر

جۇڭگو ئاخباراتچىلار جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان، مەملىكەت بويىچە ئاخبارات ساھەسىدىكى يىللىق ئۇنىۋېرسال ئاخبارات ئەسەرلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى مۇكاپاتى — 9 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو ئاخبارات مۇكاپاتىنى باھالاش يىغىنى 1999 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى چىڭداۋدا ئۆتكۈزۈلدى.

ئاپتونوم رايونىمىزدىن مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەر:

1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەر:

«پامىر ئوغلى — ۋۇ دېگيون» (مەخسۇس خەۋەر، ۋاڭ خۇڭ، لى لىنپىڭ، ساۋ يۈەنچيۇ، جياڭ يىفېڭ، پېڭ ۋېنىڭ، دۇ شىنگو، يۈبىن؛ شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىدىن)

2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەر:

«تارىم دەرياسى يەنە قەيەرگىچە ئېقىپ بارالايدۇ (تەپسىلىي خەۋەر، جاڭ شياۋيەن، شىنجاڭ گېزىتىدىن)، «مەڭگۈلۈك باغۋەن» (مەخسۇس خەۋەر، ليۇ مىن، جاڭ جىنفېڭ، جۇ كۇاڭيى؛ شىخەنزە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، بىڭتۇەن سىملىق تېلېۋىزىيە مەركىزىدىن).

3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەر:

«ئاتۇش شەھىرىدىكى بىر تۈركۈم چولڭ سودىگەرلەر سۇ، تۇپراقنى ئېچىشتىكى كاتتىلاردىن بولۇپ قالدى (خەۋەر، ياڭ شېڭجياڭ، ليۇ جيەنجۇڭ؛ شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىدىن).

شىن جى

## تۇنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو داڭلىق ئاخبارات سەھىپىسى مۇكاپاتى بويىچە شىنجاڭدىن مۇكاپاتقا ئېرىشكەن سەھىپىلەر

جۇڭگو ئاخباراتچىلار جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان تۇنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو داڭلىق ئاخبارات سەھىپىسى مۇكاپاتى (1997 ~ 1998 ـ يىللىق) نى باھالاش يىغىنى 1999 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى جۇڭجىڭدا ئېچىلدى، «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» نىڭ «ھۆكۈمەت بۇيرۇقى ئىزىدىن»، «بىڭتۇەن گېزىتى» نىڭ «دۇنيا ئەھۋالىدىن پارالڭ»، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «يۈگۈنكى سۆھبەت» سەھىپىسى مۇكاپاتلاندى.

شىن جى

## يېڭى جۇڭگو ئاخبارات ئىشلىرىنىڭ 50 يىللىقى بويىچە 100 پارچە مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە ئىچىدىن شىنجاڭدىن مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەر تىزىملىكى

جۇڭگو ئاخباراتچىلار جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان يېڭى جۇڭگو ئاخبارات ئىشلىرىنىڭ 50 يىللىقى بويىچە مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالىلەرنى توپلاش، باھالاش پائالىيىتى 1999 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدىن خۇاڭ يۈەنيىنىڭ «ئاخبارات خىزمەتچىسى چوقۇم سىياسىغا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك» دېگەن ئىلمىي ماقالىسى، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىدىن شى يۈڭجياڭ، شى لىنجيېنىڭ «50 يىلغا نەزەر — شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەيمىز» دېگەن ئىلمىي ماقالىسى، بىڭتۇەن مۇخبىرلار جەمئىيىتىدىن ۋاڭ شىكې، شىن جيەنجۈن ۋە فەن رۇڭشىننىڭ بىڭتۇەننىڭ «جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان تەشۋىقات ۋاستىلىرى» دېگەن ئىلمىي ماقالىسى مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

شىن جى

### شىنجاڭ ئاخباراتچىلىرى ۋەكىللەر ئۆمىكى ئىسرائىلىيەنى زىيارەت قىلدى

ئىسرائىلىيە ژۇرناللار جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، شىنجاڭ مۇخبىرلار جەمئىيىتى تەشكىللىگەن 5 كىشىلىك شىنجاڭ ئاخباراتچىلار ۋەكىللەر ئۆمىكى 1999 - يىل 2 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 3 - ئاينىڭ 7 - كۈنىگىچە ئىسرائىلىيەنى زىيارەت قىلدى. ۋەكىللەر ئۆمىكى ئىسرائىلىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشتى. ئىسرائىلىيە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، ئۇنىۋېرسىتېت باشلىقلىرى، ئاخبارات - مەدەنىيەت خىزمەتچىلىرى، يېزا ئىگىلىك مۇتەخەسسىسلىرى ۋە دېھقانلار بىلەن بولغان ئالاقە جەريانىدا، ئۆمەك ئەزالىرى ئىسرائىلىيە خەلقىنىڭ جۇڭگو خەلقىگە بولغان دوستانە مېھىر - مۇھەببىتىنى ھېس قىلىشتى. ئىسرائىلىيە ھەر ساھە زاتلىرى جۇڭگو شىنجاڭ بىلەن دوستانە ھەمكارلىشىش سەمىمىي ئارزۇسىنى بىلدۈردى.

شىن جى

### غەربىي شىمالدىكى 5 ئۆلكە (رايون) پارتىيە گېزىتلىرى ھەمكارلىق يىغىنى

بۇ يىغىن 1999 - يىل 7 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەي، شىنجاڭدىن ئىبارەت 5 ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) پارتىيە گېزىتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى گېزىت تەشۋىقاتى، گېزىت ئىقتىسادى، قوشۇن قۇرۇلۇشى جەھەتتە تەجرىبە ۋە تەسىراتلىرىنى ئالماشتۇردى.

يىغىندا مۇنەۋۋەر قىسقا ئەسەرلەر باھالىنىپ «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ مۇخبىرى جاڭ جيېمېينىڭ «خەلق كارخانىلىرى تەرەققىي قىلىشتا دۆلەتكە تايىنىدۇ، ھۆكۈمەتنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدۇ» دېگەن خەۋىرى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، بۇنىڭدىن باشقا، يەنە 5 ئەسەر 2 -، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

خەن شىنخۇا

## نەشرىياتچىلىق

### شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999 - يىلى 458 خىل كىتاب، ژۇرنال نەشر قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىدىكى كىتاب 275 خىل، خەنزۇچە كىتاب 172 خىل. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق سوۋغا قۇرۇلۇشى بولغان «شىنجاڭنىڭ شانلىق 50 يىلى» ناملىق كۆپ ۋاستىلىك لازېر نۇرلۇق پلاستىنكىسى تەھرىرلىنىپ نەشر قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى»، «21 - ئەسىرگە قەدەم باسقان شىنجاڭ» ۋە دۆلەت ئاخبارات - نەشرىيات مەھكىمىسىنىڭ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن چىقىرىلىدىغان نۇقتىلىق سوۋغا كىتابلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن «ئەڭ گۈزەل جاي يەنىلا بىزنىڭ شىنجاڭ» (مەجمۇئە) قاتارلىق سوۋغا كىتابلار تەھرىرلەندى ۋە نەشر قىلىندى؛ بىدئەت تەشكىلاتىنىڭ «فالۇن گۇڭ» نى پاش قىلىش ۋە تەنقىد قىلىش كۈرىشىگە ماسلىشىپ، «پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاتېزملىق تەربىيە يېتەكچىسى»، «دىنىي مەسىلىلەر نەزەرىيىسى ۋە سىياسىي ئاممىباب ئوقۇشلۇق»، «ئاتېزم ۋە دىنىي ساۋاتلاردىن سوئال - جاۋاب» قاتارلىق ۋەزىيەت تەربىيىسى كىتابلىرى نەشر قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى؛ مەملىكەت بويىچە قانات يايدۇرۇلغان ئۆلۈغچات ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى ۋۇ دېخيۇندىن ئۆگىنىش پائالىيىتىگە ماسلىشىپ، 4 خىل يېزىقتا «خەلقنى سۆيىدىغان ياخشى دوختۇر ۋۇ دېخيۇن» ناملىق يۈرۈشلۈك مەجمۇئە (5 توم) نەشر قىلىندى. بۇ بىر يۈرۈش مەجمۇئەنىڭ خەنزۇچە نۇسخىسى 320 مىڭ تىراژغا، ئۇيغۇرچە قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى نۇسخىسى 150 مىڭ تىراژغا يەتتى.

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999 - يىلى نەشر قىلغان 42 خىل كىتاب ئۆلكە، مىنىستىرلىك دەرىجىلىك كىتاب مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 6 خىل كىتاب دۆلەت دەرىجىلىك كىتاب مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە «ماركس، ئېنگېلسنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىدىيىسى» مەملىكەتلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى بويىچە «بەش بىر قۇرۇلۇشى» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ۋاڭ لىشياڭ

### گېزىت - ژۇرناللارنى تىزىملاپ كىنىشكا تارقىتىش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى 1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى گېزىت - ژۇرناللارنىڭ گېزىت - ژۇرنال ئىجازەتنامىسىنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويدى، بۇ يېقىنقى 10 يىلدىن بۇيان گېزىت، ژۇرنال ئىجازەتنامىسىنىڭ تۇنجى قېتىم تارقىتىلىشى. قايتىدىن تىزىملاش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايوندا مەملىكەت بويىچە نومۇرى بىرلىككە

كەلتۈرۈلگەن، ئاشكارا تارقىتىلىدىغان گېزىت 83 خىل، مەملىكەت بويىچە نومۇرى بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن، ئاشكارا تارقىتىلىدىغان ژۇرنال 165 خىل بولدى.

شىن باۋ

## نەشر هوقۇقى خىزمىتى

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر نەشر هوقۇقى ئىدارىسى قانۇنسىز نەشرىياتچىلىققا زەربە بېرىشنى كۈچەيتىپ، مۇشۇ بىر يىلدا قانۇنسىز نەشر قىلىنغان 1300 پارچە كىتاب، 2900 ئۈن - سىن بۇيۇمى (ئۈن ئالغۇ لېنتىسى، سىن ئالغۇ لېنتىسى، VCD لازېر نۇرلۇق پلاستىنكىسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) نى يىغىۋېلىپ يوقىتىشقا تاپشۇردى؛ ئاپتورلۇق هوقۇقى ماجىراسىدىن 20نى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭدىن 9 دېلو ئاياغلاشتۇرۇلدى، 15 مىڭ يۈەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان قايتۇرۇۋېلىندى؛ 7 خىل گېزىت - ژۇرنالغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان ماقالىلەرنىڭ 7600 يۈەندىن ئارتۇق قەلەم هەققىنى يىغىۋېلىپ ئەسلى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەردى. چەت ئەل كىتابلىرىنى نەشر قىلىش هوقۇقى بېرىلگەن 11 توختام، چەت ئەل ئۈن - سىن بۇيۇملىرىنى كۆچۈرۈپ تارقىتىش هوقۇقى بېرىلگەن 54 توختامنى تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى. 16 خىل ئەسەرنىڭ ئەسەر هوقۇقىنى تىزىملىدى؛ مەسلىھەت سوراپ كەلگەن 50 نەچچە ئادەم (قېتىم) نى كۈتۈۋالدى؛ 6000 دىن ئارتۇق CD، VCD پلاستىنكىسىنى، 100 دىن ئارتۇق يۇمشاق دېتالنى بېكىتىپ بەردى. دۆلەت نەشر هوقۇقى ئىدارىسى چۈشۈرگەن نەشر قىلىنغان يازما ئەسەرلەرنىڭ قەلەم هەققى توغرىسىدا بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايوننىڭ نەشر قىلىنغان يازما ئەسەرلەرنىڭ قەلەم هەققى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىنى يولغا قويۇش چارىسىنى تۈزۈپ يولغا قويدى.

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر نەشر هوقۇقى ئىدارىسىنىڭ خىزمەتچىلىرى ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئەسەر هوقۇقى دېلولىرىنى تەكشۈرۈپ بىر ياقلىق قىلىدىغان خەلق زاسىداتىللىقىغا تەكلىپ قىلىنىپ، دېلولارنى سوتلاشتا تەكلىپلىرىنى بەردى.

شىن چۈەن

## ئاپتونوم رايونلۇق 2 - نۆۋەتلىك كىتاب مۇكاپاتىنى باھالاش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە ش ئۇ ئا ر ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى ئۇيۇشتۇرغان ئاپتونوم رايونلۇق 2 - نۆۋەتلىك كىتاب مۇكاپاتىنى باھالاش يىغىنى 1999 - يىل 12 - ئايدا ئېچىلدى. هەرخىل يېزىقتىكى جەمئىي 21 خىل مۇنەۋۋەر كىتاب مۇكاپاتلاندى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - دەرىجىلىككە ئېرىشكەن كىتابلار: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «ماركس، ئېنگېلسنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىدىيىسى يېتەكچى نەزەرىيىسى» (خەنزۇچە)، «هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز لۇغىتى» (ئۇيغۇرچە)، «هازىرقى زامان قىرغىز تىلى هەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە» (قىرغىزچە)، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو - سۈرەت نەشرىياتى نەشر قىلغان «جۇڭگو نېفىت گېئولوگىيىسى — تارىم ئويمانلىقى» (خەنزۇچە، ئېنگلىزچە)، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئالتايدىكى قەھرىمان» (قازاقچە)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلغان «يېزىقچىلىق ئىلمى» (ئۇيغۇرچە). 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن كىتابلار: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «غەربىي يۇرت تاش غار سەنئىتى» (ئۇيغۇرچە)، «تۇرپاندىن يېڭىدىن تېپىلغان خەت - ئالاقىلەر ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىكى تەتقىقات» (خەنزۇچە)، «قەھرىمان جانىبېك» (قازاقچە)، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان «نەزمىنامىدىن شەھەرنى قورشاشقىچە دېگەن كىتابنى بىر يولىلا ئوقۇپ بولۇش» (خەنزۇچە)، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا - سەھىيە نەشرىياتى (K) نەشر قىلغان «موڭغۇل مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى پەن - تېخنىكا مەدەنىيىتى» (موڭغۇلچە)، «قومۇل چىلىنى» (ئۇيغۇرچە). 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن كىتابلار: شىنجاڭ پەن - تېخنىكا - سەھىيە نەشرىياتى (K) نەشر قىلغان «خوتەن دېھقان - چارۋىچىلىرىنىڭ ئەمەلىي تېخنىكا ئوقۇشلۇقى» (ئۇيغۇرچە)، «شىنجاڭ دورىلىق ئوت - چۆپلىرى» (قازاقچە)، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو - سۈرەت نەشرىياتى نەشر قىلغان «شىنجاڭ تارىخىغا ئائىت 100 سۆزلۈك» (خەنزۇچە)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلغان «لىن زېشۈي شېئىرلىرىدىن تاللانمىغا ئىزاھات» (خەنزۇچە)، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلغان «هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى لۇغىتى» (ئۇيغۇرچە)، «قارلىق كېچە» (ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «موڭغۇل مۇزىكىلىرى تەتقىقاتى» (موڭغۇلچە)، «تۈركولوگىيە سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقى» (خەنزۇچە)، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا - سەھىيە نەشرىياتى (W) نەشر قىلغان «كلىنىكىلىق كۆتۈش، دىئاگنوز قويۇش ئىلمىي ئاساسلىرى» (خەنزۇچە).

شىن تۇ

## كىتاب ئىشانە قىلىش ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى هەر قايسى نەشرىياتلار،

«شىنخۇا» كىتابخانىلىرى، كىتاب - ژۇرناللارنى توپ سېتىش 2 - دەرىجىلىك بازىرى ئاپتونوم رايوندىكى بىر قىسىم ۋىلايەت، ناھىيە دەرىجىلىك ئىدارىلارغا تەخمىنەن 300 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى 27 مىڭ 926 پارچە كىتابنى ئىئانە قىلدى. شۇنداقلا يەنە يېڭىدىن ئېچىلغان ش ئۇ ئا ر كۇتۇپخانىسىغا 6 خىل يېزىقتىكى 120 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى 25 مىڭ پارچە كىتابنى ئىئانە قىلدى.

شىن تۇ

## مەتبەئەچىلىك

### كىتاب ۋە دەرسلىكلەرنىڭ بېسىلىش سۈپىتى تەكشۈرۈلدى

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى ئەتىياز ۋە كۈزدە بېسىلغان ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ دەرسلىكى ۋە ئادەتتىكى كىتابلاردىن 1235 خىلنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەلا سۈپەتلىك كىتاب 279 خىل، ياخشى كىتاب 510 خىل، لاياقەتلىك كىتاب 437 خىل، لاياقەتسىز كىتاب 9 خىل.

شىن يىن

### گېزىتلەرنىڭ بېسىلىش سۈپىتىنى باھالاش

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىرىدىكى، بىڭتۇەننىڭ يېزا ئىگىلىك شىلىرىدىكى ۋە نېفىت سىستېمىسىدىكى 40 خىل گېزىتنىڭ بېسىلىش سۈپىتىنى تەكشۈردى، 11 خىل گېزىت ئەلا سۈپەتلىك گېزىت بولۇپ باھالاندى، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇچە گېزىتلەردىن «بايىنغولىن گېزىتى» 1 - لىككە، «تارىم نېفىت گېزىتى» 2 - لىككە، «ئالتاي گېزىتى» 3 - لىككە ئېرىشتى. مىللىيچە گېزىتلەردىن «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» (ئۇيغۇرچە) 1 - لىككە، «خوتەن گېزىتى» (ئۇيغۇرچە) 2 - لىككە، «بايىنغولىن گېزىتى» (موڭغۇلچە) 3 - لىككە ئېرىشتى. خەنزۇچە «بايىنغولىن گېزىتى» ئۇدا 3 يىل بېسىلىش سۈپىتى جەھەتتە 1 - لىككە ئېرىشىپ كەلدى.

شىن يىن

### كىتابلارنىڭ تەھرىرلىك، كوررېكتورلۇق سۈپىتى تەكشۈرۈلدى

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى 9 نەشرىيات 1998 - يىلى نەشر قىلغان 39 خىل ئۇنىۋېرسال كىتاب ۋە 32 خىل ئوقۇتۇشتا قوشۇمچە پايدىلىنىش كىتابلىرىنىڭ تەھرىرلىك، كوررېكتورلۇق سۈپىتىنى تەكشۈردى. ئۇنىۋېرسال كىتابلاردىن سۈپىتى ئەلا كىتاب 6، ياخشى كىتاب 9، لاياقەتلىك كىتاب 19، لاياقەتسىز كىتاب 5. لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %87.2؛ ئوقۇتۇشتا قوشۇمچە پايدىلىنىلىدىغان كىتابلاردىن سۈپىتى ئەلا كىتاب 2، ياخشى كىتاب 5، لاياقەتلىك كىتاب 12، لاياقەتسىز كىتاب 13، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %59.38.

شىن شېن

### سېرىق ۋە قانۇنسىز نەشر بۇيۇملىرىغا زەربە بېرىلدى

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى تەكشۈرۈپ چەكلىگەن 4 سان ژۇرنالنىڭ مۇندەرىجىسىنى بېسىپ تارقاتتى، قانۇنسىز بېسىلغان «فالۇن گۇڭپىسى»غا ئائىت نەشر بۇيۇملىرى، ئوغرىلىقچە نەشر قىلىنغان، ئوغرىلىقچە بېسىلغان دەرسلىك، ئوقۇتۇشتا قوشۇمچە پايدىلىنىدىغان كىتاب، قانۇنسىز توپ تارقىتىلغان كىتاب ۋە كالېندار، قانۇنسىز كۆپەيتىپ بېسىلغان ئۈن - سىن بۇيۇملىرى قاتارلىق 9 دېلونى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى. 90 مىڭ 700 پارچە (يۈرۈش) قانۇنسىز نەشر بۇيۇمىنى يىغىۋالدى، قانۇنسىز پائالىيەتلەرگە ئىشلىتىلگەن باسما ماشىنىسىدىن بىرنى، تېز بېسىپ كۆپەيتىش ماشىنىسىدىن بىرنى مۇسادىرە قىلدى.

شىن فا

# رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيە

## رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيە ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

رادىئو - تېلېۋىزىيە تەشۋىقاتى

1. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيە سىستېمىسى مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە سىياسىي كېڭەش يىغىنلىرىغا دائىر تەشۋىقات، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ جۇڭگونىڭ يۇگوسلاۋىيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنى بومباردىمان قىلغانلىقىنى ئەيىبلەشكە دائىر تەشۋىقات، بىدئەت تەشكىلات — «فالۇن گۇڭ»نى ئەيىبلەشكە دائىر تەشۋىقات، پارتىيە 15 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا دائىر تەشۋىقات، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش ھەم شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىنغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەشكە دائىر تەشۋىقات، ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى تەبرىكلەش ۋە يېڭى ئەسىرنى كۈتۈۋېلىشقا دائىر تەشۋىقات قاتارلىق چوڭ - چوڭ تەشۋىقات پائالىيەتلىرىنى تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىدى. ھەرقايسى تەشۋىقات پائالىيىتىدە رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە نازارىتىنىڭ تەشۋىقات، تېخنىكا، تەرجىمە، ئاڭلىتىش - كۆرسىتىش ھالقىلىرى ئەڭ كۈچ چىقىرىپ ھەمكارلىشىپ، جەڭ قىلىپ، كۈچلۈك تەشۋىقات ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈردى.

2. بىر تۈركۈم چوڭ تېمىدىكى رادىئو، تېلېۋىزىيە ئەسەرلىرى ئىشلەندى. رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە نازارىتى ھەرقايسى ئىستانسىدىكى كۈچلەرنى ماسلاشتۇرۇپ، تەشكىللەپ، 100 قىسىملىق تېلېۋىزىيە چاتما فىلىمى «ئۇنتۇلماس بىرىنچىلەر»نى سۈرەتكە ئالدى؛ شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى «ۋەتىنىمىز چوڭ ئائىلىمىدە»، «شىنجاڭنىڭ يېرىم ئەسىرگە نەزەر»، «چۆل - باياۋاندا يېڭى دۇنيا بەرپا قىلىش»، «شانلىق مۇساپە» قاتارلىق چوڭ تېمىلىق چاتما خەۋەرلەرنى ئىشلىدى؛ شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى «پەرۋاز قىلىۋاتقان شىنجاڭ»، «تەڭرىتاغ بەخت تىلىمەكتە»، «تەڭرىتاغقا مۇھەببەت»، «سوۋغا»، «جۇمھۇرىيەت بىلەن تەڭ ياشىغانلار»، «جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالى» قاتارلىق يۈرۈشلۈك مەخسۇس فىلىم ۋە بەدىئىي فىلىملەرنى ئىشلىدى؛ شىنجاڭ ئىقتىساد تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى چوڭ تېمىلىق ھۆججەتلىك فىلىم — «تارىخىي ئاللاش»نى ئىشلىدى. بۇ ئەسەرلەردە ۋەتىنىمىزنىڭ ۋە شىنجاڭنىڭ يېرىم ئەسىردىن بۇيانقى ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلىرى ئوخشاشمىغان تەرەپلەردىن مەدھىيىلىنىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە زور ئىلھام بېرىلگەن.

3. كۈندىلىك تەشۋىقات جانلىق بولدى. ھەرقايسى ئىستانسىلار چوڭ - چوڭ تېمىلارنى، نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارنى، مۇھىم پائالىيەتلەرنى تەشۋىق قىلىشقا ۋە خەۋەر قىلىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. «قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يولى»، «نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلاردىن كەلگەن خەۋەر»، «بۈگۈنكى بىڭتۇەن»، «بۈگۈنكى شىنجاڭنىڭ يېزا - بازارلىرىغا سەپەر» قاتارلىق سەھىپىلەرنى ئاچتى. 1999 - يىلى ھەرقايسى ئىستانسىلار ۋۇ دېڭيۇننىڭ ئىلغار ئىش - ئىزلىرىنى داۋاملىق كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىپ، ئاپتونوم رايوندا ۋۇ دېڭيۇندىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنىڭ قانات يېيىشىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولدى.

4. «خەۋەرلەر»، «بۈگۈنكى مۇھەببەت» ۋەكىل قىلىنغان جامائەت پىكرى نازارەتچىلىكى پروگراممىسى بارغانسېرى يانغىنى باشقۇرۇلۇپ، جەمئىيەتتە خېلى زور تەسىر پەيدا قىلدى. بۇ 2 پروگراممىنىڭ قىيىن نۇقتا، قىزىق نۇقتا ۋە نازۇك مەسىلىلەرنى توغرا ئىگىلەش ئىقتىدارى ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ، ھۆكۈمەتكە ياردەم بېرىش، ئاممىنى غەم - ئەندىشىدىن خالاس قىلىش، ياردەم بېرىش ئەمما قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتمەسلىك، غەيرەتكە كەلتۈرۈش ئەمما بوشاشتۇرۇۋەتمەسلىك رولىنى جارى قىلدۇردى.

5. رادىئو، تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى ئىسلاھاتىنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى. شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئىستانسا قۇرۇلغاندىن بۇيان ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن، سەھىپىسى ئەڭ كۆپ بولغان ئەتىگەنلىك خەۋەرلەر پروگراممىسى — «60 مىنۇتلۇق خەۋەر»نى يولغا قويۇپ، خەۋەرلەر پروگراممىسىنىڭ ۋاقىت ئۈنۈمدارلىقىنى يەنىمۇ ئۆستۈردى، ئۇچۇر دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتتى. رادىئو ئىستانسىسى پروگراممىلارنى تارماق، بۆلۈم، گۇرۇپپىلار

ئايرىم - ئايرىم باشقۇرۇپ كەلگەن تۈزۈلمىنى بۇزۇپ تاشلاپ، خەنزۇچە پروگراممىلاردا نازارەتچى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى، رىقابەتلىشىپ ئىش ئورنىغا چىقىش، خادىملارنى قوش يۆنىلىشلىك تاللاش چارىسىنى يولغا قويدى. مۇشۇ ئاساستا پروگراممىلارنى ئومۇميۈزلۈك ئۆزگەرتىپ ئورۇنلاشتۇردى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى «چۈشلۈك خەۋەرلەر» پروگراممىسىنى تەسىس قىلىپ، خەۋەر ئاڭلىتىش قېتىم سانىنى كۆپەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىستانسا بويىچە 3 خىل تىلدىكى 4 قانالدا كۆرسىتىلىدىغان پروگراممىلارنى ئومۇميۈزلۈك ئۆزگەرتىپ ئورۇنلاشتۇردى، خەنزۇچە قانالدا «دېھقان، چارۋىچىلار مۇنبىرى» پروگراممىسىنى يېڭىدىن تەسىس قىلىپ، كۆپ يىللاردىن بۇيان يېزا ئىگىلىكىگە دائىر پروگرامما بولماي كەلگەن بوشلۇقنى تولدۇردى؛ چوڭ تىپتىكى سۆھبەت پروگراممىسى — «يۇقىرىلار سۆھبىتى» نى ۋە مۇلازىمەت خاراكتېرلىك پروگرامما — «ھاياجانلىق مىنۇتلار» نى يېڭىدىن يولغا قويدى؛ مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «مەملىكەت خەۋەرلىرى ۋە خەلقئارا خەۋەرلەر» پروگراممىسىنى ئۇيغۇرچە ۋە قازاقچىغا تەرجىمە قىلىپ شۇ كۈنى كۆرسىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاممىسىنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيان «مەملىكەت خەۋەرلىرى ۋە خەلقئارا خەۋەرلەر» نى ئۆز تىلىدا شۇ كۈنى كۆرۈشنى تەلەپ قىلىپ كەلگەن ئارزۇسىنى قاندۇردى.

6. «تەڭرىتاغ» كىنو ستۇدىيىسى ئېسىل فىلىم ئىگىلى ۋە بازار ئېگىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، جەمئىيەتتىكى كۈچلەردىن پايدىلىنىپ، 7 ھېكايە فىلىم، 12 قىسىملىق 4 تېلېۋىزىيە تىياتىرى ئىشلىدى. شىنجاڭ رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە سىستېمىسى بىر يىلدا 2015 قىسىملىق 563 كىنو، تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى تەرجىمە قىلىپ ئىشلىدى.

7. 1999 - يىلى «تەڭرىتاغ» كىنو ستۇدىيىسى سۈرەتكە ئالغان ھېكايە فىلىم «ۋىجدان»، تېلېۋىزىيە تىياتىرى «سوتچى ھاشىم»، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئىشلىگەن رادىئو تىياتىرى «دوست»، «تاغ ئىچىدىن ئاڭلانغان شادلىق ناخشىسى»، ناخشا «ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىۋاتقان مېھرى - مۇھەببەت» مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ «بەش بىر قۇرۇلۇشى مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى، «ۋىجدان» ناملىق ھېكايە فىلىم يەنە جۇڭگو كىنوچىلىقى بويىچە «خۇابياۋ مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى. شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ لېنتىلىق خەۋىرى «پامىر ئوغلى ۋۇ دېگيۇن» جۇڭگو ئاخباراتچىلىقى مۇكاپاتى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «بۈگۈنكى سۆھبەت» سەھىپىسى جۇڭگو ئاخباراتچىلىقى بويىچە داڭلىق سەھىپە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. شىنجاڭ ئىقتىساد تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئىشلىگەن 2 مەخسۇس فىلىم ئاممىۋى تېلېۋىزىيە «ئالتۇن بۇركۇت مۇكاپاتى» بويىچە مۇنەۋۋەر پروگرامما مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدىكى رادىئو - تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىنى باھالاپ مۇكاپاتلاشتا كۆپلىگەن ئەسەرلەر مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

باشقۇرۇش خىزمىتى

1. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى 66 رادىئو، تېلېۋىزىيە ئاپپاراتى، 864 رادىئو - تېلېۋىزىيە پونكىتى يىللىق تەكشۈرۈلدى ۋە تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارغا كىنىشكا تارقىتىلدى، پروگراممىلارنىڭ يوللۇش سانى قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، ئۇلاپ ئاڭلىتىش ئىنتىزامى چىڭىتىلدى. ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىكى چېگرا سىرتىدىكى سۈنئىي ھەمراھ تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى قوبۇل قىلىدىغان 70 ئورۇن، سۈنئىي ھەمراھ تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى قوبۇل قىلىدىغان 300 دىن ئارتۇق مۇئەسسەسە مەركەزلىك تەرتىپكە سېلىندى، چېگرا سىرتىدىكى سۈنئىي ھەمراھ تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى قانۇنسىز قوبۇل قىلىپ تارقىتىدىغان 16 ئورۇن تەكشۈرۈپ چىقىلدى، ناھىيىلىك، شەھەرلىك رادىئو، تېلېۋىزىيە سىستېمىسى بىلەن پوچتا - تېلېگراف سىستېمىسى ھەمكارلىشىپ قانۇنسىز تور قۇرۇش قىلمىشىدىن 10 نى ماسلاشتۇرۇپ بىرتەرەپ قىلدى، ئاساسىي قاتلام ئىستانسا - پونكىتلارنىڭ خىزمىتىگە مەدەت بېرىپ، ئىستىھكامنى ساقلاپ قالدى.

2. تەھرىر ھەيئىتى تۈزۈمى، تەشۋىقات قەرەللىك يىغىنى تۈزۈمى، كۆرۈپ، ئاڭلاپ باھالاش تۈزۈمى ھەم 3 دەرىجە بويىچە ئورىگىنال تەكشۈرۈش، تەكرار تارقىتىلىدىغان خەۋەرلەرنى قايتا تەكشۈرۈش، خاتالىقنى سۈرۈشتۈرۈش قاتارلىق تۈزۈملەر قەتئىي داۋاملاشتۇرۇلۇپ، تەشۋىقات يېتەكچىلىكىنىڭ توغرا بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى، ئېغىر تەشۋىقات خاتالىقىنىڭ پەيدا بولۇشى توسۇپ قېلىندى.

3. 4 قارار قانۇن ساۋاتلىرى كۇرسى ئېچىلىپ، 278 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى، ئاپتونوم رايون بويىچە رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيە ساھەسىدىكى مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىملارنىڭ ئارخىپى تۇرغۇزۇلدى، مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىملارنىڭ قانۇن ئىجرا قىلىشتا بىر تۇتاش كىيىم بىلەن ئىش ئورنىغا چىقىشى نۇقتىدا سىناق قىلىندى.

4. پروگرامما تارقىتىش تېخنىكىلىق تارماقلىرى ئىلمىيلاشقان، قېلىپلاشقان، ئۆلچەملەشكەن باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، ئۈسكۈنىلەرنىڭ بېجىرىملىك نىسبىتى، تارقىتىشنى توختىتىش نىسبىتى جەھەتتە خېلى ياخشى سەۋىيىنى ساقلىدى.

قوشۇن قورۇلۇشى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندا ئاخبارات - تەشۋىقات كەسپى، رەقەملىك تېخنىكا كەسپى بويىچە «يوشلۇقتىكى دەرسخانا» دا تەربىيىلەش، كونسۇلتاتسىيە قىلىش، ئىمتىھان ئېلىش، كىنىشكا تارقىتىش خىزمىتى تاماملىنىپ، 2400 نەچچە ئادەم تەربىيىلەندى. ئاپتونوم رايون بويىچە خەنزۇ تىلىدىكى دىكتورلار، رىياسەتچىلەرنى خەنزۇ ئورتاق تىلىدا سۆزلەش بويىچە سىناش، تەربىيىلەش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى، ئۇيغۇر دىكتورلار، رىياسەتچىلەر، ئاۋاز ئارتىسلىرىنى ئىملا قائىدىسى ۋە تەلەپپۇز قائىدىسى جەھەتتىن سىناش، تەربىيىلەش كۆرسىتىش 2 قارار ئېچىلدى.

1999 - يىل 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى 6 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىلمىي ماقالىلىرىنى باھالاشتا، ئاپتونوم رايونىمىزدىن «جامائەت پىكرىنىڭ يۆنىلىشىدا خاتا يېتەكلىشكە دىققەت قىلىش لازىم»، «دۆلەتنىڭ خەۋەر قىلىشىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئەھمىيىتى»، «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلىرى رادىئو، تېلېۋىزىيىسىنىڭ ئەسىر ھالقىغان تەرەققىياتى ھەققىدە ئومۇمىي مۇلاھىزە» دىن ئىبارەت 3 ماقالە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

جىن خۇڭلى

## رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى مەملىكەت بويىچە مۇكاپاتقا ئېرىشتى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە سىستېمىسىدىن 51 پارچە ئەسەر مەملىكەت بويىچە مۇكاپاتقا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە رادىئو پروگراممىسى 28، تېلېۋىزىيە پروگراممىسى 14، كىنو 6، گېزىت 6، ئىلمىي ماقالە 3.

جىن خۇڭلى

## ئۇيغۇرچە، قازاقچە رادىئو، تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى ۋە ئىلمىي ماقالىلەرنى مەملىكەت بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك باھالاش ئەھۋالى

ئۇيغۇرچە، قازاقچە رادىئو، تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى ۋە ئىلمىي ماقالىلەرنى مەملىكەت بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك باھالاش پائالىيىتى جۇڭگو رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىلمىي جەمئىيىتى ئاز سانلىق مىللەتلەر رادىئو - تېلېۋىزىيە تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا 1999 - يىل 4 - ئاينىڭ 11 — 16 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى باھالاشتا مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى ۋە شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئەنزۇ ئۆلكىسى ئاقساي قازاق ئاپتونوم ناھىيىلىك رادىئو ئىستانسىسى، تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىنىڭ 1996 — 1998 - يىللىق رادىئو - تېلېۋىزىيە خەۋەرلىرى، ئەدەبىيات - سەنئەت، دىكتورلۇق ۋە رىياسەتچىلىككە دائىر 476 پارچە ئەسەر ۋە ئىلمىي ماقالىسى تاپشۇرۇۋېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرچە 313 پارچە، قازاقچە 163 پارچە. 339 پارچە ئەسەر مۇكاپاتقا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرچە 223 پارچە، قازاقچە 116 پارچە.

جىن خۇڭلى

### قوشۇمچە 1:

ئاپتونوم رايوننىڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە سىستېمىسىدىن ئۇيغۇرچە، قازاقچە رادىئو خەۋەرلىرىنى، ئەدەبىيات - سەنئەت دىكتورلۇقى ۋە رىياسەتچىلىكىنى مەملىكەت بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك باھالاشتا 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەر:

ئېلېكتر ئارقىلىق كېسىش تېخنىكىسى خەلقئارا ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە)، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ مېلودىيىسى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە)، قان دېغى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە)، ناچار ئادەتنى ئۆزگەرتىپ، ئىجتىمائىي كەيپىياتنى ساپلاشتۇرايلى (ئۈرۈمچى خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە)، ئادىل ھوشۇر سەنئىيادىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتتى (ئۈرۈمچى خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە)، ئورمان بايلىقىنى ئاسراشنى يەنىمۇ كۈچەيتەيلى (چەرچەن خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە)، ئۆسمۈرلۈك دەۋرى پروگراممىسى (ئۈرۈمچى خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە)، قەشقەر غۇنچىلىرى (قەشقەر خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە)، مەھمۇت قەشقىرى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە)، شەنبىلىك سەنئەت (ئۈرۈمچى خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە)، «دېھقانلار شادلىقى» سەھىپىسى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە)، «قىزىل تاغ باغرىدا» سەھىپىسى (ئۈرۈمچى خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە)، كۆسەن يېزىلىرىدا (كۇچا ناھىيىلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە)، ئەدەبىي پروگراممىسا (قۇمۇل خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە)، بوغدا ئېتىكىدىكى ئۆلار كۆندۈرگۈچى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، قازاقچە)، پەن - تېخنىكا مول مېۋە بەردى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، قازاقچە)، ئېرتىش دەريا بويىدىكى يېڭى شەھەر (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، قازاقچە)، چارۋىچىلار چارۋا - مال سۇغۇرتىسىنىڭ پايدىسىنى كۆردى (جىمىنەي ناھىيىلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، قازاقچە)، شانلىق 20 يىل (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، قازاقچە)،

«ئۈنتۇلماس ئوبراز» (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، قازاقچە).

**قوشۇمچە 2:**

ئاپتونوم رايوننىڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە سىستېمىسىدىن ئۇيغۇرچە، قازاقچە تېلېۋىزىيە خەۋەرلىرىنى، ئەدەبىيات - سەنئەت دىكتورلۇقى ۋە رىياسەتچىلىكىنى مەملىكەت بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك باھالاشتا 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەر:

پەيزاۋاتتىكى دېھقانلار بۇرۇن يۇقىرىغا ئەرز قىلىپ باراتتى، ھازىر كادىرلار يېزىغا بارىدىغان بولدى (قەشقەر تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە)، تارىم نېفىتلىكى قوماندانلىق شتابى خوتەن شەھىرىگە سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز بىلەن تەمىنلەش پونكىتى قۇرۇپ بەردى (خوتەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە)، بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ تەرەققىي قىلدۇرۇلغان قاتناش ئىشلىرى (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە)، يېزىغا مۇھەببەت (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە)، يەر تەۋرەش خەلقنىڭ ئىرادىسىنى تەۋرىتەلمەيدۇ (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە)، باللىرىمىز ئوقۇشسىز قالمىسۇن (ئۈرۈمچى سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە)، 1998 - يىللىق قۇربان ھېيت ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى «بايرام شادلىقى» (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە)، باش ئەگمىدىكى سۆيگۈ (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت، ئۇيغۇرچە)، 1998 - يىللىق 1 - ئىيۇن باللار بايرىمى كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكى (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە)، بۈگۈنكى باياندا (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە)، «8 - مارت» ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى «ئاياللار شادلىقى» (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە)، كېچىك ئەلچى (ئۈرۈمچى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە)، سۇ ئىچكەندە قۇدۇق قازغۇچىنى ئۇنتۇما (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، قازاقچە)، مىللىي تېبابەت دورىگەرلىكىدىكى يۇلتۇز — جانارگۈل (ئىلى ئوبلاستلىق رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، قازاقچە)، قەدىمدىن بۈگۈنگىچە — قازاقلارنىڭ ئەنئەنىۋى كۆن - خۇرۇم ھۈنەر - سەنئىتىنى تونۇشتۇرۇش (شىنجاڭ سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، قازاقچە)، سەنئەت ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلغايسىز (شىنجاڭ سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، قازاقچە)، مۇقىم ئولتۇراقلاشقان چارۋىچىلارنىڭ يېڭى تۇرمۇشى (كۈنەس ناھىيىلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، قازاقچە)، ئالتاي ۋىلايەتلىك 12 - نۆۋەتلىك ئاقىنلار ئېيتىشىشى (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، قازاقچە).

ئاپتونوم رايوننىڭ رادىئو سىستېمىسىدىن 1999 - يىلى مەملىكەت بويىچە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەر

| ۋاقتى | ئورۇن | مۇكاپات نامى | ئەسەر | مۇكاپات دەرىجىسى |
|---|---|---|---|---|
| 6 - ئاينىڭ 1 — 4 - كۈنىگىچە | خاڭجۇ | 98' جۇڭگو دىكتورلۇق ۋە رىياسەتچىلىك ئەسەرلىرى مۇكاپاتىنى باھالاش | پامىر ئوغلى — ۋۇ دېڭيۈن | 2 - دەرىجىلىك |
| 6 - ئاينىڭ 15 — 17 - كۈنىگىچە | بېيجىڭ | جۇڭگو رادىئو - تېلېۋىزىيە ئاخبارات مۇكاپاتى بويىچە 98' رادىئو مۇكاپاتىنى باھالاش | «ئات ئۈستى باشلانغۇچ مەكتىپى» شىنجاڭدا تارىخ بولۇپ قالدى<br>20 يىلدىن كېيىنكى قەھرىمانلار<br>ئىش ئورنىدىن قالغان زاۋۇت باشلىقى شاگىرتنىڭ ئىشلەمچى بولدى<br>يىپەك يولىدىكى مۇھىم بازاردا قانداق قىلىپ سودا دولقۇنى قوزغالدى؟ | 2 - دەرىجىلىك<br>2 - دەرىجىلىك<br>3 - دەرىجىلىك<br>3 - دەرىجىلىك |
| 6 - ئاينىڭ 21 — 27 - كۈنىگىچە | بېيجىڭ | جۇڭگو رادىئو - تېلېۋىزىيە ئاخبارات مۇكاپاتى بويىچە 98' رادىئو سوتسىيالىستىك تەربىيە مۇكاپاتىنى باھالاش | 1 - نومۇرلۇق مۇزلۇق تۇرمۇش دۇنياسى (1998 - يىل 12 - ئاينىڭ 27 - كۈنى) | 3 - دەرىجىلىك<br>3 - دەرىجىلىك |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 6 - ئاينىڭ 21 — 27 - كۈنىگىچە | بېيجىڭ | جۇڭگو رادىئو - تېلېۋىزىيە ئاخبارات مۇكاپاتى بويىچە 98′ جۇڭگو ھەسەن - ھۈسەن مۇكاپاتىنى باھالاش | لوپنۇرلۇقلار | 3 - دەرىجىلىك |
| 7 - ئاي | چېڭداۋ | 9 - نۆۋەتلىك جۇڭگو ئاخبارات مۇكاپاتىنى باھالاش | پامىر ئوغلى — ۋۇ دېڭيۈن<br>ئاتۇشتىكى بىر قىسىم سودىگەرلەر يەر - زېمىن ئاچقۇچىغا ئايلاندى | 1 - دەرىجىلىك<br>3 - دەرىجىلىك |
| 8 - ئاي | تيەنجىن | مەملىكەتلىك رادىئو ھېكايىلىرى مۇھاكىمە يىغىنى مۇكاپاتى | پۇشايمانسىز يىللار | ئالتۇن مۇكاپات |
| 8 - ئاينىڭ 23 — 29 - كۈنىگىچە | خاربىن | 98′ جۇڭگو رادىئو دراما ئەدەبىيات - سەنئىتى مۇكاپاتىنى باھالاش | پامىر ئاتا (كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى)<br>كوئېنلۇندا چاقنىغان ئاي (بىر قىسىملىق)<br>ئۇ چىن يۈرىكىدىن بۇ زېمىننى مەدھىيىلىدى (ئەلنەغمە)<br>ئېگىزلىك ئاتا (يېڭى رادىئو ناخشىسى) | 2 - دەرىجىلىك<br>2 - دەرىجىلىك<br>3 - دەرىجىلىك<br>3 - دەرىجىلىك |
| 8 - ئاي | چېڭداۋ | 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك موڭغۇلچە مۇنەۋۋەر رادىئو ماقالىلىرىنى باھالاش | بىجياسۇن كەنتىدىكى موڭغۇل ياشلىرى ئىشقا ئورۇنلاشتى<br>ئارشاڭ ناھىيىسىدە ئاھالىلەرتى كۆچۈرۈپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلدى<br>جاپالىق ئەمگەك ئارقىلىق ئىگىلىك تىكلەش<br>«جاڭغىر» ئالىمى جاموچا ۋە ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى<br>باھار بايرىمىلىق ئالاھىدە پروگرامما (دىكتورلۇق) | 1 - دەرىجىلىك<br>3 - دەرىجىلىك<br>2 - دەرىجىلىك<br>2 - دەرىجىلىك<br>2 - دەرىجىلىك |
| 9 - ئاي | خاربىن | جۇڭگو رادىئو ئەدەبىيات - سەنئەتى مۇكاپاتى | كوئېنلۇندا ھىلال ئاي | 3 - دەرىجىلىك |
| 9 - ئاي | جىنەن | جۇڭگو رادىئو دىكتورلۇقى ۋە رىياسەتچىلىكى مۇكاپاتى | تەڭرىتاغدىكى قىزىل شام | 3 - دەرىجىلىك |
| 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى | بېيجىڭ | مەملىكەتلىك «بەش بىر قۇرۇلۇشى» مۇكاپاتىنى باھالاش | دوست<br>تاغ ئىچىدىن ئاڭلانغان شادلىق ناخشىسى<br>ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىدۇ ۋاتقان مېھرى - مۇھەببەت | |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 10 - ئاي | شىامېن | 4 - نۆۋەتلىك «ئالتۇن مىكرافون» مۇكاپاتى | جەمئىيەت كۆزنىكى (2 - ئاينىڭ 12 - كۈنى)<br>كۆڭۈللۈك دەم ئېلىش كۈنى<br>ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش كۆرسەتمىسى | ئالتۇن مۇكاپات<br>كۈمۈش مۇكاپات<br>مىس مۇكاپات |

جىن خۇگلى

## قوشۇمچە 3:

شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە سىستېمىسىدىن ئۇيغۇرچە، قازاقچە رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىلمىي ماقالىلىرىنى مەملىكەت بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك باھالاشتا 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئىلمىي ماقالىلەر:

توغرا جامائەت پىكرى يېتەكچىلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىلمىي نەزەرىيە ئارقىلىق ئوبراز يارىتايلى (شىنجاڭ رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە نازارىتى، ئۇيغۇرچە)، ئىدىيىنى ئازاد قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇپ، ئۇيغۇرچە رادىئو ئىشلىرىنى ياخشى يولغا قويايلى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە)، تېلېۋىزىيە مەدەنىيىتىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتتىكى ئورنى ۋە رولى (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە)، سىياسىي ۋە كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلىنىشنى كۈچەيتىپ، كىشىلەرنى توغرا جامائەت پىكرى ئارقىلىق يېتەكلەش بۇرچىنى ئادا قىلايلى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە)، كىنو - تېلېۋىزىيە ئىجادىيىتى ئۈستىدە مۇلاھىزە (ئاقسۇ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە)، ئاخبارات تىلى — مىللىي تىل مەدەنىيىتىنىڭ ئەينىكى (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، قازاقچە)، تىلنىڭ جەۋھىرى ئۇنىڭ نەپىسلىكىدە (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، قازاقچە)، تېلېۋىزىيە ۋە شېئىر (ئىلى ئوبلاستلىق رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، قازاقچە)، تەرجىمە فىلىملىرىنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىكى ئاچقۇچ — تەرجىمە فىلىمنىڭ رېژىسسورلۇقىدا (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، قازاقچە).

## دۆلەت بايرىمىنىڭ 50 يىللىقى ۋە شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىنغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش رادىئو - تېلېۋىزىيە تەشۋىقاتى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى ۋە شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىنغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن، 1999 - يىلى رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە نازارىتى ۋە ئۇنىڭ قارىمىقىدىكى رادىئو، تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى كۈچلۈك ۋە خىل مۇخبىر، تەھرىرلەرنى تەشكىللەپ كۆلىمى زور سېھرىيلۇق تەشۋىقاتنى يولغا قويدى. 6 -، 7 - ئايلاردىن باشلاپ، مۇخبىرلار تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا بېرىپ زور مىقداردا رادىئو - تېلېۋىزىيە ئەسەرلىرىنى يىغدى، يېڭى، ئېسىل ئەسەرلەر كەينى - كەينىدىن مەيدانغا كەلدى، خەۋەر، مەخسۇس پروگرامما، ئەدەبىيات - سەنئەت نومۇرلىرىنىڭ مەزمۇنى مول، شەكلى رەڭگارەڭ بولدى، بۇ پروگراممىلاردا ۋەتىنىمىزنىڭ ۋە شىنجاڭنىڭ يېرىم ئەسىرلىك ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلىرى ئوخشىمىغان تەرەپتىن مەدھىيىلىنىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە زور ئىلھام بېرىلدى. رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە نازارىتى سۈرەتكە ئېلىشنى بىۋاسىتە پىلانلاپ تەشكىللىگەن «ئۈنتۈلماس بىرىنچىلەر» ناملىق چوڭ تىپلىق مەخسۇس چاتما فىلىم ئارقىلىق چوڭ تىپىدىكى تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنى ئىجاد قىلىشنىڭ يولى ئۈستىدە ئىزدىنىلدى، بۇ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەشۋىق قىلىشتىكى مۇھىم مەزمۇن بولۇپ قالدى. شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى «شىنجاڭنىڭ يېرىم ئەسىرگە نەزەر»، «ۋەتىنىمىز چوڭ ئائىلىسىدە»، «چۆل - باياۋاندا يېڭى دۇنيا بەرپا قىلىش»، «شانلىق مۇساپە» قاتارلىق چوڭ تىپتىكى يۈرۈشلۈك خەۋەرلەرنى ئورۇنلاشتۇردى؛ رادىئو ئىستانسىسى ئىقتىساد بۆلۈمى بىلەن ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى بىرلىكتە «شىنجاڭنىڭ 50 يىلىدىكى چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» ناملىق ئالاھىدە سەھىپىنى تەسىس قىلدى، مۇددىتى يېرىم يىللىق «شىنجاڭنىڭ 50 يىللىق تارىخىغا دائىر ساۋاتلار بويىچە مۇكاپاتلىق مۇسابىقە» پائالىيىتىنى ئۆتكۈزدى؛ ئەدەبىيات - سەنئەت بۆلۈمى ئاپتونوم رايون بويىچە ناخشا ۋە شېئىر توپلاش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇپ، «ۋەتەنگە مەدھىيە»، «بوران - چاپقۇنلۇق مۇساپە» قاتارلىق سەھىپىلەردە رادىئو ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈپ، ياخشى تەشۋىقات ئۈنۈمى ھاسىل قىلدى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى «دۆلەت بايرىمى ئەڭ ياخشى نەتىجىلىرىمىز بىلەن كۈتۈۋالايلى»، «پەرۋاز قىلمىۋاتقان شىنجاڭ»، «تەڭرىتاغ بەخت تىلىمەكتە»، «تەڭرىتاغقا مۇھەببەت»، «سوۋغا»، «جۇمھۇرىيەت بىلەن تەڭ

ياشلىغلار»، «جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالى» قاتارلىق بىر تۈركۈم يۈرۈشلۈك خەۋەر، مەخسۇس چاتما فىلىم ۋە تېلېۋىزىيە بەدىئىي فىلىملىرىنى ئىشلىدى؛ شىنجاڭ ئىقتىساد تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى «تارىخىي ئاللاش» ناملىق چوڭ تىپتىكى تارىخىي هۆججەتلىك فىلىمنى ئىشلىدى. بۇ پروگراممىلاردا شىنجاڭنىڭ گۈللىنىش ۋە تەرەققىي قىلىش ئەھۋالى نامايان قىلىنىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىيىنچىلىقتىن قورقمايدىغان، دادىل ئىسلاھات ئېلىپ بارىدىغان، چېگرا رايوننى قوغدىغان ۋە گۈللەندۈرگەن روھىي قىياپىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

جىن خۇڭلى

## ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈۋېلىش بويىچە رادىئو - تېلېۋىزىيە تەشۋىقاتى

ئاۋمېن 1999- يىل 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلدى، بۇ كاتتا ئىشقا دائىر تەشۋىقاتنى ياخشى قىلىش ئۈچۈن، رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە نازارىتى قارىمىقىدىكى تەشۋىقات ئورۇنلىرى تەشۋىقات پىلانى تۈزۈپ، كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەش ۋە تەشۋىقات سۆز - ئىبارىلىرىنى ئۆگىنىش ئىشىنى ئېلىپ باردى. ئىستانسىلار ھاكىمىيەتنى ئۆتكۈزۈش - ئۆتكۈزۈۋېلىش مۇراسىمىغا ئوخشاش بىر قاتار چوڭ - چوڭ پائالىيەتلەرنى جىق ۋاقىت ئاجرىتىپ ئۇزۇلدۇرمەي ئۆز ۋاقتىدا تولۇق ئۇلاپ كۆرسەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۆتكۈزگەن ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكىنى، خەلق مەيدانىدىكى ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىش ۋاقتىنى تەتۈر ھېسابلاش پائالىيىتىنى ۋە ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلقىنىڭ ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى تەبرىكلەشكە دائىر رەڭگارەڭ مەزمۇندىكى پائالىيەتلىرىنى كۆرسەتتى. شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى بىلەن ھەمكارلىشىپ «ئەسىر يالدامىسى، 100 يىللىق ئەھۋال» ئالاھىدە سەھىپىسىنى ئاچتى، «جۇڭگونىڭ 100 يىللىق تارىخىغا دائىر ساۋاتلار بويىچە مۇكاپاتلىق مۇسابىقە» ئۆتكۈزدى، «1999 - يىلى ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەن ئاۋمېنغا نەزەر» ناملىق 60 قىسىملىق چوڭ تىپتىكى رادىئو چاتما خەۋىرىنى تۈزۈپ ئاڭلاتتى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى «ئاۋمېن 1999»، «ئاۋمېن ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلدى» ناملىق چاتما فىلىمنى كۆرسەتتى. «ئاۋمېنغا دائىر ساۋاتلار مۇسابىقىسى» ئۆتكۈزدى. ئۇيغۇر، قازاق تەرجىمە بۆلۈمى ئاۋمېننىڭ تارىخى، شەخسلەر ۋە ئۆرپ - ئادەت ئەھۋالى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن كىنو، تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنى ۋە ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىگە دائىر بىر يۈرۈش خەۋەر، مەخسۇس پروگراممىلارنى تەرجىمە قىلىپ ئىشلىدى. بۇ پروگراممىلاردا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ

ئاپتونوم رايون تېلېۋىزىيە سىستېمىسىنىڭ 1999 - يىلى مەملىكەت بويىچە مۇكاپاتقا ئېرىشىش ئەھۋالى

| ۋاقتى | ئورۇن | مۇكاپات نامى | ئەسەر | مۇكاپات دەرىجىسى |
|---|---|---|---|---|
| 3 - ئاينىڭ 20 — 26 - كۈنلىرى | ۋۇخەن | 97 .. 98 - يىللىق «جۇڭگو ھەسەن - ھۆسەن مۇكاپاتى» بويىچە سىرتقا قارىتىلغان تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى باھالاش | تەڭرىتاغ ئانا (ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىنغان) | 3 - دەرىجىلىك |
| 7 - ئاينىڭ 10 — 17 - كۈنلىرى | نىڭشيا | جۇڭگو رادىئو - تېلېۋىزىيە ئاخبارات مۇكاپاتى بويىچە 98' تېلېۋىزىيە ئاخبارات مۇكاپاتىنى باھالاش | مەملىكىتىمىزنىڭ ماشىنا - ئېلېكترون مەھسۇلاتلىرى تۇنجى قېتىم پارس قولتۇقىدىكى بازارلارغا ئېكسپورت قىلىندى<br>تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكىلەر «ئات ئۈستى باشلانغۇچ مەكتىپى» بىلەن خۇشلاشتى<br>مەڭگۈلۈك ھايات<br>پۇشايمانسىز كىشىلىك ھايات | 3 - دەرىجىلىك<br>3 - دەرىجىلىك<br>3 - دەرىجىلىك<br>3 - دەرىجىلىك |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 7 - ئاينىڭ 10 — 17 - كۈنىگىچە | نىڭشيا | جۇڭگو رادىئو - تېلېۋىزىيە ئاخبارات مۇكاپاتى بويىچە 98' تېلېۋىزىيە سوتسىيالىستىك تەربىيە مۇكاپاتىنى باھالاش | تەڭرىتاغقا كەلگەن ئاپال<br>شىنجاڭنىڭ پاختىچىلىقىنى يەنە راۋاجلاندۇرۇش كېرەكمۇ-يوق؟ | 3 - دەرىجىلىك<br>3 - دەرىجىلىك |
| 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى | بېيجىڭ | تۇنجى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كۆرگەزمە قىلىپ كۆرسىتىلىدىغان تېلېۋىزىيە شېئىر - ناخشا - نەسرىي ئەسەرلىرىنى باھالاش | دەريادىن ئۆتۈش<br>پامىر ھەققىدە رىۋايەت<br>چۈشتىكى قاناس كۆلى<br>توغراققا نەزەر<br>ياۋا ئات كىچىكى | 1 - دەرىجىلىك<br>2 - دەرىجىلىك<br>2 - دەرىجىلىك<br>2 - دەرىجىلىك<br>3 - دەرىجىلىك |
| 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى | بېيجىڭ | 4 - نۆۋەتلىك «ئالتۇن مىكرافون» مۇكاپاتىنى باھالاش | ئىز قوغلاش | مىس مۇكاپات |
| 11 - ئاينىڭ 24 — 30 - كۈنىگىچە | جۇڭچىڭ | تۇنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو ئاخبارات مۇكاپاتى بويىچە داڭلىق مەخسۇس سەھىپە مۇكاپاتىنى باھالاش | بۈگۈنكى سۆھبەت | داڭلىق مەخسۇس سەھىپە مۇكاپاتى |

ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى خۇشاللىق بىلەن كۈتۈۋالغان ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقى كۈچلۈك ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، «ۋەتەننى تىنچ يول بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈش، بىر دۆلەتتە 2 خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش» تەك ئۇلۇغ تەسەۋۋۇرى گەۋدىلىك تەشۋىق قىلىندى.

جىن خۇڭلى

## ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدىكى رادىئو خىزمىتى

1. چوڭ ئىشلار دەۋرىي قىلىنىپ، مۇھىم نۇقتا گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، تەشۋىقاتنىڭ كۈچلۈك، داغدۇغىلىق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى. 1999 - يىلى شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدىكى ئىستانسىلىرى ۋەزىيەتكە يېقىن ئەگىشىپ، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ جۇڭگونىڭ يۇگوسلاۋىيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنى بومباردىمان قىلغانلىقىنى ئەيىبلەش، «فالۇن گۇڭپىسى» نى تەنقىد قىلىش، دۆلەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى ۋە شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىنغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش، ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى، 1000 يىلنى كۈتۈۋېلىش قاتارلىق چوڭ - چوڭ ئىشلارنى كۆپ قېتىم ياخشى تەشۋىق قىلدى. خەۋەر ۋە مەخسۇس پروگراممىلاردا «دۆلەت بايرىمىنى ياخشى نەتىجىلەر بىلەن كۈتۈۋالايلى»، «شىنجاڭنىڭ يېرىم ئەسىرگە نەزەر»، «ئۇنتۇلماس بىرىنچىلەر» قاتارلىق مەزمۇنى مول، رەڭدار سەھىپىلەرنى ئېچىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بايرامنى تەبرىكلەشتىكى خۇشال كەيپىياتىنى كۈچلۈك گەۋدىلەندۈرۈپ كۆرسەتتى.

2. مەركەزنىڭ غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىگە زىچ ماسلىشىپ، شىنجاڭ ھەر تەرەپتىن تەشۋىق قىلىندى. 1999 - يىلى رادىئو ئىستانسىسى ھەرقايسى مىللەتلەر تىلىدىكى پروگراممىلاردا «نۇقتىلىق قۇرۇلۇشتىن كەلگەن خەۋەر»، «جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريول لىنىيىسىنىڭ تۇتاشتۇرۇلغانلىقى ھەققىدە خەۋەر»، «مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى ھەققىدە خەۋەر» قاتارلىقلارنى نۇقتىلىق ئاڭلاتتى، ئۇيغۇر مەخسۇس پروگرامما بۆلۈمى «سۆيۈملۈك شىنجاڭ»، «دېھقانلار شادلىقى» قاتارلىق پروگراممىلاردا شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا دائىر ماقالىلەرنى كۆپلەپ ئاڭلاتتى. ھەرقايسى تىللاردىكى ئاڭلىتىشلاردا يەنە ئىلغار تىپ، پامىر ئوغلى — ۋۇ دېڭيۈن تونۇشتۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ 30 نەچچە يىل چېگرا رايوندا يىلتىز تارتىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ، ئۇلارغا ياخشى ئىش قىلىپ بەرگەن تەسىرلىك ئىش - ئىزلىرى كۆپ نۇقتا، كۆپ تەرەپتىن تەشۋىق قىلىندى.

3. ئاز سانلىق مىللەت مۇخبىرلىرى 1 - سەپكە زىيارەتكە

بېرىپ، ئۆزى ماقالە يېزىپ ئۆزى تەھرىرلەش ئۈنۈمىنى يەنىمۇ ئاشۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئۇيغۇر مەخسۇس پروگراممىسى بۆلۈمى 5 مەخسۇس تېما بويىچە مۇخبىرلار ئۆزى يېزىپ، ئۆزى تەھرىرلىگەن 5487 ماقالىنى ئاڭلاتتى. قازاق تەھرىر بۆلۈمى ۋە موڭغۇل تەھرىر بۆلۈمىدىكى مۇخبىرلار 20 نەچچە چەت، يىراق ناھىيە، شەھەرگە بېرىپ، يېڭى ئەھمىيەتكە ئىگە، سالمىقى بار خەۋەر، لېنتىلىق خەۋەر، مەخسۇس خەۋەر قاتارلىق رادىئو ئەسەرلىرىدىن 600 نەچچىنى ئىشلىدى.

4. ئىجتىمائىي كۆچلەرگە تايىنىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات - سەنئەت ئاڭلىتىشى ياخشى ئىشلەندى. مىللىي تىلدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت نومۇرلىرىنىڭ مەنبەسى كەمچىل بولۇش ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت بۆلۈمى 1999 - يىلى ئەدەبىيات - سەنئەت نومۇرى يىغىش پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئۇيغۇر گۇرۇپپىسى مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن بىرلىكتە 1999 - يىللىق ناخشا توپلاش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى؛ قازاق گۇرۇپپىسى مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى ۋە تارباغاتاي ۋىلايىتى بىلەن بىرلىكتە مۇزىكا نومۇرى يىغىپ، 386 ناخشىنى لېنتىغا ئالدى؛ موڭغۇل گۇرۇپپىسى 23 سائەت نومۇر ئالماشتۇردى؛ قىرغىز تىلىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت پروگراممىسىدىمۇ يېڭى تەرەققىيات بولدى.

5. ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدىكى بىر تۈركۈم نومۇرلار مەملىكەتلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپات 7، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپات 17، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپات 11؛ قازاقچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپات 6، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپات 6، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپات 12؛ موڭغۇلچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپات بىر، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپات 3، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپات 2.

جىن خۇڭلى

1999 - يىلى «تەڭرىتاغ» كىنو ستۇدىيىسى ئىشلىگەن كىنو، تېلېۋىزىيە تىياتىر-لىرىنىڭ مەملىكەت بويىچە مۇكاپاتقا ئېرىشىش ئەھۋالى

| ۋاقتى | ئورۇن | مۇكاپات نامى | ئەسەر | مۇكاپات دەرىجىسى |
|---|---|---|---|---|
| 5 - ئاينىڭ 23 - كۈنى | بېيجىڭ | جۇڭگو كىنوچىلىقى بويىچە 1998 - يىللىق «خۇابياۋ» مۇكاپاتىنى باھالاش | ۋىجدان | مۇنەۋۋەر ھېكايە فىلىم مۇكاپاتى |
| 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى | بېيجىڭ | مەملىكەتلىك «بەش بىر قۇرۇلۇشى» مۇكاپاتىنى باھالاش | ۋىجدان<br>سوتچى ھاشىم | |
| 11 - ئاينىڭ 9 - كۈنى | كۇنمىڭ | ئەدلىيە مىنىستىرلىكى-نىڭ «ئالتۇن شەمشەر مۇكاپاتى» نى باھالاش | سوتچى ھاشىم | 1 - دەرىجىلىك |
| 11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى | يىنچۇەن | غەربىي شىمالدىكى 5 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون بويىچە «تۇلپار مۇكاپا-تى» نى باھالاش | سوتچى ھاشىم | ئالاھىدە مۇكاپات |
| 12 - ئاينىڭ 4 - كۈنى | چاڭشا | مەملىكەتلىك تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرى بويىچە «پەرۋاز مۇكاپاتى» نى باھالاش | سوتچى ھاشىم<br>ئاخىرقى كۆل | 3 - دەرىجىلىك<br>3 - دەرىجىلىك |

جىن خۇڭلى

رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە نازارىتى ئورگىنى، شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە گېزىتىنىڭ 1999 - يىلى مەملىكەت بويىچە مۇكاپاتقا ئېرىشىش ئەھۋالى

| ۋاقتى | ئورنى | مۇكاپات نامى | ئەسەر | مۇكاپات دەرىجىسى |
|---|---|---|---|---|
| 5 - ئاينىڭ 2 — 7 - كۈنگىچە | نىڭشيا | غەربىي جەنۇب، غەربىي شىمالدىكى 10 ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننىڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە گېزىتلىرىدىكى ياخشى ماقالىلەرنى باھالاش | كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تەرجىمە فىلىمى «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە» قازاقىستاننى زىلزىلىگە كەلتۈردى | 1 - دەرىجىلىك |
| | | | ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئورنىنى ئېنىق بىلىش، ئوقۇرمەنلەرنىڭ قاتنىشىشىغا ئەھمىيەت بېرىش | 2 - دەرىجىلىك |
| | | | «جىيەنلىباۋ» ماركىلىق تەبىئىي ساپ سۇ | 2 - دەرىجىلىك |
| | | | خۇاڭپۇجياڭ دەرياسى بويىدىكى ئاق تېرەك | 3 - دەرىجىلىك |
| | | | دىكتورلارنىڭ خۇشاللىقى ۋە قايغۇسى | 3 - دەرىجىلىك |
| 6 - ئاينىڭ 25 — 28 - كۈنگىچە | داليەن | مەملىكەتلىك ئۆلكە دەرىجىلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە گېزىتلىرىدىكى مۇنەۋۋەر ماقالىلەرنى باھالاش | خۇاڭپۇجياڭ دەرياسى بويىدىكى ئاق تېرەك | 3 - دەرىجىلىك |
| 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى | بېيجىڭ | 6 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىلمىي ماقالىلىرىنى باھالاش | جامائەت پىكىرىنىڭ يوشۇرۇن خاتا يېتەكچىلىكىگە دىققەت قىلىش كېرەك | 3 - دەرىجىلىك |
| | | | دۆ ياڭفۇ ھەققىدىكى خەۋەرنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئەھمىيىتى | 3 - دەرىجىلىك |
| | | | جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر رادىئو - تېلېۋىزىيىسىنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان تەرەققىياتى ھەققىدە ئومۇمىي مۇلاھىزە | 3 - دەرىجىلىك |

جىن خۇگلى

نازارىتى پارتگورۇپپىسى بىلەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى پارتكومى 1999 - يىل 8 - ئايدا 1 مىليون 350 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ئۈسكۈنە سېتىۋېلىپ، خادىملارنى ئاجرىتىپ، 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «مەملىكەت خەۋەرلىرى ۋە خەلقئارا خەۋەرلەر» پروگراممىسىنى شۇ كۈنى تەرجىمە قىلىپ كۆرسىتىدىغان بولدى.

جىن خۇگلى

## «مەملىكەت خەۋەرلىرى ۋە خەلقئارا خەۋەرلەر» نى ئۇيغۇرچىغا، قازاقچىغا شۇ كۈنى تەرجىمە قىلىپ كۆرسىتىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى

ئۇزاقتىن بۇيان شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئۇيغۇرچە، قازاقچە «مەملىكەت خەۋەرلىرى ۋە خەلقئارا خەۋەرلەر» كۆچۈرۈش، تەرجىمە قىلىش، ئاڭلىتىش قاتارلىق تەرتىپلەر بويىچە ئىشلىنىپ، 2 - كۈنى ئاندىن كەڭ تاماشىبىنلار بىلەن كۆرۈشەتتى، رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە



مۇنەۋۋەر ھېكايە فىلىم «ۋىجدان» دىن كۆرۈنۈش
سۈرەتنى «تەڭرىتاغ» كىنو ستۇدىيىسى تەمىنلىگەن

## مۇنەۋۋەر رادىئو - تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى باھالاندى

1999 - يىللىق شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە ئاخبارات مۇكاپاتىنى، ئۇيغۇرچە، قازاقچە رادىئو ئەدەبىيات - سەنئەت مۇكاپاتىنى باھالاش يىغىنى 1999 - يىل 3 - ئاينىڭ 15 — 19 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. 129 پارچە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە، موڭغۇلچە، قىرغىزچە رادىئو ئاخباراتى سوتسىيالىستىك تەربىيە پروگراممىسى مۇكاپاتقا ئېرىشتى (خەنزۇچە 67 پارچە، مىللىيچە 62 پارچە)، بۇنىڭ ئىچىدە 3 پارچىسى ئالاھىدە، 19 پارچىسى 1 - دەرىجىلىك، 43 پارچىسى 2 - دەرىجىلىك، 64 پارچىسى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 138 پارچە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە تېلېۋىزىيە پروگراممىسى مۇكاپاتقا ئېرىشتى (خەنزۇچە 101 پارچە، مىللىيچە 37 پارچە)، بۇنىڭ ئىچىدە بىر پارچىسى ئالاھىدە، 22 پارچىسى 1 - دەرىجىلىك، 47 پارچىسى 2 - دەرىجىلىك، 68 پارچىسى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 16 پارچە مىللىيچە رادىئو ئەدەبىيات - سەنئەت پروگراممىسى مۇكاپاتقا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 2 پارچىسى 1 - دەرىجىلىك، 5 پارچىسى 2 - دەرىجىلىك، 9 پارچىسى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

3 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ رادىئو ئەدەبىيات - سەنئەت مۇكاپاتى (خەنزۇچە) نى باھالاش 4 - ئاينىڭ 13 — 15 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. 32 پارچە ئەسەر مۇكاپاتقا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە بىر پارچىسى ئالاھىدە، 8 پارچىسى 1 - دەرىجىلىك، 8 پارچىسى 2 - دەرىجىلىك، 11 پارچىسى 3 - دەرىجىلىك، 4 پارچىسى مۇنەۋۋەر مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

جىن خۇگلى

### قوشۇمچە 1:

**1998 - يىللىق شىنجاڭ رادىئو ئاخبارات مۇكاپاتى بويىچە ئالاھىدە مۇكاپاتقا ۋە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن پروگراممىلار:**

**ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەر**

پامىر ئوغلى — ۋۇ دېگيۈن (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، مەخسۇس خەۋەر)، ئىقتىسادنى ئاشۇرۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، چاتما ئوبزور)، دۇ ياڭفۇنىڭ ئىشى نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇنىۋېرسال پروگرامما).

**1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەر**

خەلق ئىشچىلىرىنىڭ ئۈلگىسى، دەۋرنىڭ قەھرىمانى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، يورۇشلۇك خەۋەر)، ئاتۇش شەھىرىدىكى بىر تۈركۈم سودىگەرلەر سۇ - تۇپراقنى ئاچقۇچىلاردىن بولۇپ قالدى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، قىسقا خەۋەر)، ئات ئۈستى باشلانغۇچ مەكتىپى شىنجاڭدا تارىخ بولۇپ قالدى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇزۇن خەۋەر)، ترانسفورماتور شىركىتىنىڭ مەھسۇلاتلىرى پارس قولتۇقى بازارلىرىغا كىردى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، قىسقا خەۋەر)، لوپنۇرلۇقلار (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، مەخسۇس خەۋەر)، «دېھقانلار شادلىقى» 1998 - يىل 12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، دېھقانلارغا قارىتىلغان پروگرامما)، ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەنلەر نېمە ئۈچۈن كۆز يېشى قىلىدۇ؟ (شىنجاڭ سۇنئىي ھەمراھ ئىقتىساد رادىئو ئىستانسىسى، ئۇنىۋېرسال پروگرامما)، كۆمۈرلۈكتىكى ئوتنى ئۆچۈرۈش ھەققىدە پاراڭ (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئاممىۋى پروگرامما)، خىيالىي جەننەتتە ياڭرىغان شادلىق ناخشىسى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە مەخسۇس پروگرامما)، قان دېغى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە مەخسۇس پروگرامما)، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مېلودىيىسى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە يورۇشلۇك خەۋەر)،

كەلكۈن رەھىمسىز، ئادەملەر رەھىمدىل (ئاقسۇ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە، مەخسۇس پروگرامما)، پاشانغانلار دوستى (ئۈرۈمچى خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە، نىشانلىق پروگرامما)، پەن - تېخنىكىنىڭ مول مېۋىسى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، قازاقچە، يۈرۈشلۈك خەۋەر)، خالىسانە ئۆزىنى بېغىشلاش روھى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، قازاقچە، دېھقانلارغا قارىتىلغان پروگرامما)، ئىتتىپاقلىق گۈلى (بۆرتالا خەلق رادىئو ئىستانسىسى، قازاقچە، ئاممىۋى پروگرامما)، تىرىشىلىكتىن ئۆچۈرۈلگەن 75 نەپەر موڭغۇل ياش بېيىش يولىنى تاپتى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، موڭغۇلچە، قىسقا خەۋەر)، قىرغىز خەلقىنىڭ ئاق خالاتلىق پەرىشتىسى — ۋۇ دېگيۈن (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، قىرغىزچە مەخسۇس پروگرامما).

## قوشۇمچە 2:

**1998 - يىللىق شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئاخبارات مۇكاپاتى بويىچە ئالاھىدە مۇكاپاتقا، 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن پروگراممىلار**

**ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن پروگرامما**

مەڭگۈلۈك ھايات (شىنجاڭ ئىقتىساد تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، مەخسۇس پروگرامما).

**1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەر**

تۇرپان — ئۈرۈمچى — داخۇاڭشەن: شىنجاڭ تاشيول قۇرۇلۇشى تارىخىدىكى ئابىدە (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، قىسقا خەۋەر)، ئېلىمىزنىڭ تۇنجى تۇركۇمدىكى ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون مەھسۇلاتى پارىس قولتۇقى بازارلىرىغا ئېكسپورت قىلىندى (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، قىسقا خەۋەر)، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكىلەر «ئات ئۈستى» باشلانغۇچ مەكتىپى بىلەن خوشلاشتى (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئالتاي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇزۇن خەۋەر)، جياڭ زېمىن شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇزۇن خەۋەر)، كىش ئورنىدىن قالدۇق، ئالىي مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇيلى (شىنجاڭ سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇزۇن خەۋەر)، تارىم دەرياسىنى جىددىي تىزگىنلەش زۆرۈر (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، چاتما خەۋەر)، پۇشايمانسىز ئۆتكەن ھايات (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، چاتما خەۋەر)، يېزا - كەنتلەرگە سەپەر (ئۈرۈمچى سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، چاتما خەۋەر)، جياڭ زېمىن شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، مەخسۇس خەۋەر)، ئۇنتۇلماس «197» (ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى سىملىق رادىئو - تېلېۋىزىيە پونكىتى، مەخسۇس خەۋەر)، ئۆمىد مۇشۇ يەردىن باشلانغان (شىنجاڭ ئىقتىساد تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، قىسقا فىلىم)، تەڭرىتاغقا كەلگەنلەر (شىخەنزە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، چاتما فىلىم)، تاش ئادەم جىلغىسىغا كىرىش (ئۈرۈمچى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇزۇن فىلىم)، شىنجاڭدا يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول مەيدانغا كەلدى (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، چاتما فىلىم)، شىنجاڭدا پاختىچىلىق يەنە تەرەققىي قىلدۇرۇلامدۇ؟ (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئىقتىسادىي پروگرامما)، كۆز يېشى قىلىۋاتقان ئانا دەريا (شىنجاڭ سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، قىسقا فىلىم)، يېپەك يولىدىكى مەكتەپ مەشئىلى (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە مەخسۇس پروگرامما)، ئۇ باللارغا بەخت ئېلىپ كەلدى (قۇمۇل تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە مەخسۇس پروگرامما)، كۆكخاشالىقلارنىڭ ئىپتىخارى (بۆرتالا تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە، مەخسۇس پروگرامما)، ئىرادىلىكلەر يېڭىلمەستۇر (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، قازاقچە، مەخسۇس پروگرامما)، «تۇرمۇش» 114 - سان (شىنجاڭ سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، قازاقچە سەھىپە)، سىللىي تېببىي دورىگەرلىكىدىكى چولپان (ئىلى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، قازاقچە، ئۇزۇن فىلىم).

## قوشۇمچە 3:

**1998 - يىللىق شىنجاڭ رادىئو ئەدەبىيات - سەنئىتى مۇكاپاتى بويىچە ئالاھىدە مۇكاپاتقا، 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن پروگراممىلار**

**ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن پروگرامما**

تەكلىماكان — قىزىل، سېرىق، قارا (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، رومان ئاڭلىتىش).

**1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەر**

تارىخىي تاللاش (ئۈرۈمچى خەلق رادىئو ئىستانسىسى، رومان ئاڭلىتىش)، ئۇچالايدىغان بالا (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، باللار تىياتىرى)، قوڭغۇراقلىق ئۆچكە (ئۈرۈمچى خەلق رادىئو ئىستانسىسى، باللار تىياتىرى)، خادىم قىسقارتىش پەيدا قىلغان داۋالغۇش (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، قىسقا دراما)، ئۇ بۇ يەرنى چىن قەلبىدىن ياختىدى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئەلنەغمە پروگراممىسى)، پامىر — ئاتا ئېگىزلىك (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، يېڭى رادىئو ناخشىسى)، تەڭرىتاغ ئوغلانى — ئۆزبېك ياش ناخشىچى شامىل (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، مۇزىكىلىق پروگرامما)، سەرسانلىقتىكى شېئىرىي روھ — ياڭ مۇ ۋە ئۇنىڭ شېئىرلىرى (شىخەنزە خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئەدەبىيات پروگراممىسى)،

1998 - يىللىق يېڭى يىل ئەدەبىيات - سەنئەت پروگراممىسى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە، ئۇنىۋېرسال سەنئەت پروگراممىسى)، شانلىق 20 يىل (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، قازاقچە، ئۇنىۋېرسال سەنئەت پروگراممىسى).

## شىنجاڭ دىكتورلۇق ۋە رىياسەتچىلىك ئەسەرلىرى مۇكاپاتلاندى

1998 - يىللىق شىنجاڭ دىكتورلۇق ۋە رىياسەتچىلىك ئەسەرلىرى مۇكاپاتىنى باھالاش 1999 - يىل 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئاياغلاشتى. 112 پارچە ئەسەر باھالاشقا قاتناشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرچە 30 پارچە، خەنزۇچە 66 پارچە، قازاقچە 11 پارچە، موڭغۇلچە 4 پارچە، قىرغىزچە بىر پارچە، باھالاش ئارقىلىق 69 پارچە ئەسەر مۇكاپاتلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە 10 پارچىسى 1 - دەرىجىلىك، 24 پارچىسى 2 - دەرىجىلىك، 35 پارچىسى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

جىن خۇڭلى

### قوشۇمچە

**ئاپتونوم رايون بويىچە 1998 - يىللىق دىكتورلۇق ۋە رىياسەتچىلىك ئەسەرلىرى مۇكاپاتىنى باھالاشتا 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەر**

شەنبىلىك سۆھبەت (ئۈرۈمچى خەلق رادىئو ئىستانسىسى)، قىممەتلىك مىراس (كۈيتۇڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، قازاقچە)، ئېگىزلىك ئوغلى — ۋۇ دېڭيۈن (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، خەنزۇچە)، دېھقانلار شادلىقى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، خەنزۇچە)، ئىلگىرىكى ھەربىي قورما (شىنجاڭ سۈنئىي ھەمراھ ئىقتىساد رادىئو ئىستانسىسى، خەنزۇچە)، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن 20 يىل ناملىق مەخسۇس فىلىم (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە)، ئادەم ۋە تەبىئەت (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ خەۋەرلىرى (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، قازاقچە)، شىنجاڭ خەۋەرلىرى (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەنزۇچە)، قەدىمىي كۆسەن كۈيى (ئۈرۈمچى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەنزۇچە).

## دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن ۋەتەنپەرۋەرلىك مەزمۇنىدىكى مۇنەۋۋەر كىنو فىلىملىرىنى قويۇش پائالىيىتى

مەدەنىيەت نازارىتى 1999 - يىل 5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئۈرۈمچىدە «شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ ياۋۇزلۇقىغا ئېتىراز بىلدۈرۈش» يۈزىسىدىن ۋەتەنپەرۋەرلىكنى ئۇرغۇتۇش، تاجاۋۇزچىلارغا زەربە بېرىش مەزمۇن قىلىنغان مۇنەۋۋەر ۋەتەنپەرۋەرلىك فىلىملىرىنى قويۇش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. ئاپتونوم رايوننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئىشلەنگەن ۋەتەنپەرۋەرلىك مەزمۇنىدىكى 14 مۇنەۋۋەر كىنو فىلىمى بىرلا ۋاقىتتا قويۇلدى.

نى يۈشىن

## كىنو فىلىم ئىشلەش ئەھۋالى

1999 - يىلى «تەڭرىتاغ» كىنو ستۇدىيىسى 7 كىنو فىلىمنى سۈرەتكە ئالدى.

«بوران - چاپقۇنلۇق يىللار» بۇ فىلىمدا، شىمالغا يۈرۈش قىلىش ئارمىيىسى غەربكە يارىدىغان ئالاھىدە ھەرىكەت گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى جاڭ چيۇننىڭ ۋەزىپە ئىجرا قىلىش داۋامىدا يارىلانغاندىن كېيىن، ئادالەتپەرۋەر خېي تۇتۇ قاتارلىقلارنىڭ ياردىمىدە، زومىگەر - مۇشتۇمزورلار ۋە مىللىتارىستلار بىلەن بىر قەپەس قاتتىق ئېلىشىپ، غەلىبە قىلغانلىقى ھېكايە قىلىنىدۇ.

رېژىسسور: گاۋ فېڭ، ئوپېراتور: ۋېي داجيەڭ

«بىز توي قىلايلى» بۇ فىلىمدا، يېزىكچىلىك شىركىتىنىڭ لايىھىلىگۈچىسى لى جۈن بىلەن ياش قىز ئوقۇتقۇچى ياڭ يەننىڭ مۇھەببىتى ھېكايە قىلىنىدۇ.

رېژىسسور گاۋ فېڭ، خې لەن ئوپېراتور: مۇرات

«سەن ئۈچۈن ئەسبىلەشتىم» شياڭگاڭلىق ئارتىس شۆلياڭ شاڭخەيدە تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالغان تونجى سۆيگىنى مى نا بىلەن ئايرىلىپ كېتىدۇ، ئۇنىڭغا شياۋ تاۋنىڭ قىز دوستى ماۋ مېينىڭ كۆزى چۈشۈپ قالىدۇ. بىر قېتىم شۆ لياڭ بىنادىن سەكرەيدىغان كۆرۈنۈشنى سۈرەتكە ئېلىشقا كېچىكىپ قالىدۇ، نەق مەيداندىكى شياۋ تاۋ كەسكىنلىك بىلەن شۆ لياڭنىڭ ئورنىدا رول ئېلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ، بۇنى كۆرگەن ماۋ مېي شۆ ھامان ھوشىنى تاپىدۇ-دە، ئەسلىدە ھەقىقىي يىگىتنىڭ ئۆز يېنىدا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ.

رېژىسسور: جىن لىنى، ئوپېراتور: چېن شيۇ

«ھايات - ماماتلىق مۇھەببەت» بۇ پۇ سۇڭلىڭنىڭ «لياۋجەي رىۋايەتلىرى» ناملىق كىتابىغا ئاساسەن ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن. بۇنىڭدا بىر جۈپ قىز - يىگىتنىڭ پانىي ئالەم بىلەن باقىي ئالەمدىكى مۇھەببىتى ھېكايە قىلىنغان.

رېژىسسور: فاڭ جۈنلياڭ، ئوپېراتور: بەختى، لى مىڭ

«قانغا بويالغان دالا» بۇ فىلىمدا 1941 - يىلى كۈزدە يۈلغۇنلۇقتا ئولتۇرۇشلۇق خاۋازىنىڭ دادىسىنىڭ ۋەسىيىتىگە بىنائەن ھايات - ماماتلىق ئېلىشىش ئارقىلىق، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئۈچۈن ئىئانە قىلىنىپ يۈلغۇنلۇققا كۆمۈلگەن مال - مۈلۈكلەرنى 8 - ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىسىغا يەتكۈزۈپ بەرگەنلىكى



تېلېۋىزىيە تىياتىرى «سوتچى ھاشىم» دىن كۆرۈنۈش
سۈرەتنى «تەڭرىتاغ» كىنو ستۇدىيىسى تەمىنلىگەن

ھېكايە قىلىنىدۇ. رېژىسسور: گاۋ فېڭ، ئوپېراتور: گېرتۇ

«خاسىيەتلىك ياڭيۇ» بۇ فىلىمدا، شىنجاڭدىكى ئىلىم - پەننى، تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيىدىغان ھەر مىللەت بالىلىرىنىڭ خاسىيەتلىك ياڭيۇنى تېپىش، ئىلىم - پەننىڭ سىرىنى ئېچىش ئۈچۈن، تەبىئەت دۇنياسىغا ئاتلىنىپ، ئۆزئارا ياردەملىشىپ، خەۋپ - خەتەرلەرنى يېڭىپ، ئاخىرى خاسىيەتلىك ياڭيۇنىڭ ئىلمىي سىرىنى بايقىغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ.

رېژىسسور: جىن لىنى، ئوپېراتور: سا ماۋبى

«ھەركىم ئۆزىنىڭكىگە كۆيىدۇ» بۇ فىلىمدا، بىر جۈپ قىز - يىگىتنىڭ بىر - بىرىنى خاتا چۈشىنىپ قېلىشتىن بىر - بىرىگە ياردەم بېرىدىغان بولغان، ئاخىرىدا بىر - بىرىگە ئاشىق بولۇپ قالغان سەرگۈزەشتىسى ئارقىلىق، زامانىۋى شەھەر ياشلىرىنىڭ مۇھەببەت قارىشى ۋە بەختكە بولغان ئىنتىلىشى يان تەرەپتىن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

رېژىسسور: مېڭ ياۋ، سۇن خاۋ، ئوپېراتور: ساۋ يو
چېن يۇڭخۋا

## كىنو فىلىملىرىنى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىغا تەرجىمە قىلىش ئەھۋالى

ئاپتونوم رايوندىكى كىنو فىلىملىرىنى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىغا تەرجىمە قىلىش تارماقلىرى 1999 - يىلى 16 مىللىمېتىرلىق فىلىمدىن 155 نى ماگنىت يالتىپ تەرجىمە قىلدى، كوپىيىسى 465، 35 مىللىمېتىرلىق فىلىمدىن 19 نى تەرجىمە قىلدى، كوپىيىسى 228، يەنى تەربىيەۋى فىلىمدىن 27 نى تەرجىمە قىلدى، كوپىيىسى 130.

نى يۈشىن

## تېلېۋىزىيە تىياتىرى ئىشلەش ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 35 قىسىملىق 7 تېلېۋىزىيە تىياتىرى ئىشلەندى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئۈرۈمچى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئىشلىگىنى بىر فىلىم، 16 قىسىم: «تارىم دەرياسى ھەققىدە پاراڭ»؛ «تەڭرىتاغ» كىنو ستۇدىيىسى ئىشلىگىنى 3 فىلىم، 16 قىسىم: «قەيەرگە تۆكۈلگەن ياش» (2 قىسىملىق)، «سۈت سائقۇچى ئايال» (2 قىسىملىق)، «گۈزەل مۇسۇنلار» (12 قىسىملىق)، بۇ تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنى «تەڭرىتاغ» كىنو ستۇدىيىسى ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، جۇڭگو تېلېۋىزىيە تىياتىرى ئىشلەش مەركىزى بىلەن بىرلىكتە سۈرەتكە ئالدى؛ شىنجاڭ دراما ئۆمىكى ئىشلىگىنى بىر فىلىم، بىر قىسىملىق قىسقا فىلىم «داپ»؛ ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى كىنو - تېلېۋىزىيە مەركىزى ئىشلىگىنى 2 فىلىم، 2 قىسىم: «قىرلىق ئىستاكان» (بىر قىسىملىق)، «ھالاكەتكە يۈزلىنىش» (بىر قىسىملىق).

لياۋ شىنچۈن

## كىنو، تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنى تەرجىمە قىلىش ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە سىستېمىسى 2015 قىسىملىق 563 كىنو ۋە تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى تەرجىمە قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تەرجىمە قىلغىنى 60 فىلىم، 419 قىسىم (ئۇيغۇرچە 41 فىلىم، 296 قىسىم، قازاقچە 19 فىلىم، 123 قىسىم)، شىنجاڭ سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تەرجىمە قىلغىنى 338 فىلىم، 676 قىسىم (ئۇيغۇرچە 207 فىلىم، 414 قىسىم، قازاقچە 131 فىلىم، 262 قىسىم)، ئۈرۈمچى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تەرجىمە قىلغىنى 7 فىلىم، 145 قىسىم (ئۇيغۇرچە)، «تەڭرىتاغ» كىنو ستۇدىيىسى تەرجىمە قىلغىنى 70 فىلىم، 140 قىسىم (ئۇيغۇرچە 43 فىلىم، 86 قىسىم، قازاقچە 27 فىلىم، 54 قىسىم)، قاراماي رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى تەرجىمە



شىنجاڭ سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قازاق تەرجىمە بۆلۈمى تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى تەرجىمە قىلىپ ئىشلەش ئۈستىدە.

ياڭ چېن فوتوسى

قىلغىنى 23 فىلىم، 61 قىسىم (ئۇيغۇرچە). ئىلى ئوبلاستلىق رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى تەرجىمە قىلغىنى 26 فىلىم، 260 قىسىم (قازاقچە)، قەشقەر ۋىلايەتلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى تەرجىمە قىلغىنى 14 فىلىم، 120 قىسىم (ئۇيغۇرچە). ئاقسۇ ۋىلايەتلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى تەرجىمە قىلغىنى 9 فىلىم، 106 قىسىم (ئۇيغۇرچە)، خوتەن ۋىلايەتلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى تەرجىمە قىلغىنى 16 فىلىم، 88 قىسىم (ئۇيغۇرچە).

جىن خۇگلى

## رادىئو دراممىسى ئىشلەش ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە سىستېمىسى 9 (13 قىسىم) رادىئو دراممىسى ئىشلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئىشلىگىنى 7 دراما، 10 قىسىم: «پامىر ئاتا» (3 قىسىم، خەنزۇچە)، «مەڭگۈلۈك رىشتە» (2 قىسىم، قازاقچە)، «دوستلۇق» (بىر قىسىم، قازاقچە)، «ئەقىللىق بالا (بىر قىسىم، قازاقچە)، «خىزمەت تەقسىماتى» (بىر قىسىم، موڭغۇلچە)، «50 ياشتىكى خۇشاللىق كۈلكىسى» (بىر قىسىم، موڭغۇلچە)، «زېمىن ئوغلى» (بىر قىسىم، ئۇيغۇرچە)؛ ئۈرۈمچى خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئىشلىگىنى 2 دراما، 3 قىسىم: «ئەتە ئۇلارنىڭ تويى» (3 قىسىم، خەنزۇچە).

جىن خۇگلى

## مۇنەۋۋەر رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىلمىي ماقالىلىرى باھالاندى

ئاپتونوم رايونلۇق 3 - نۆۋەتلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىلمىي ماقالىلىرىنى باھالاش پائالىيىتى 1999 - يىل 7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە، موڭغۇلچە، قىرغىزچە 166 پارچە ئىلمىي ماقالە باھالاشقا قاتناشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرچە 27 پارچە، خەنزۇچە 125 پارچە، قازاقچە 11 پارچە، موڭغۇلچە 2 پارچە، قىرغىزچە بىر پارچە. 85 پارچە ئىلمىي ماقالە مۇكاپاتقا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 12 پارچىسى 1 - دەرىجىلىك، 28 پارچىسى 2 - دەرىجىلىك، 45 پارچىسى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

جىن خۇگلى

## قوشۇمچە

3 - نۆۋەتلىك ئاپتونوم رايونلۇق مۇنەۋۋەر رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىلمىي ماقالىلىرىنى باھالاشتا 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ماقالىلەر

ناخشا ئىجادىيىتىدىكى مىللىي ئۇسلۇب بىلەن زامانىۋى ئۇسلۇبنىڭ مۇناسىۋىتى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە)، ئاخبارات پېرسوناژى بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەت پېرسوناژىنىڭ ئوخشاشلىقى ۋە پەرقى (ئىلى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە)، تاماشىبىنلارغا مول روھىي ئوزۇق تەقدىم قىلايلى (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، قازاقچە)، جامائەت پىكرىنىڭ يوشۇرۇن خاتا يېتەكلىشىگە دىققەت قىلىش لازىم (رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە نازارىتى)، تېلېۋىزىيە پېرسوناژلىرى قىسقا فىلىملىرىدىكى ئىستېتىك تاللاش (ئۈرۈمچى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى)، دۆ ياڭنۇ ھەققىدىكى خەۋەرنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئەھمىيىتى (رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە نازارىتى)، ئاجىز رايوندىكى ئادەتتىن تاشقىرى كۆچلۈك نۇقتىنى بۇسۇپ، ئۆز ئارا بەسلىشىش، ئۆز ئارا ئۆگىنىش داۋامىدا ئالغا چامداش — ئاخبارات ساھەسىنىڭ بىر تەرەققىيات قانۇنىيىتى ھەققىدە (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى)، شىنجاڭ تېلېۋىزىيىسىدىكى دۇنياۋى تېمىلار توغرىسىدا (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى)، يېقىملىق ۋە يېقىنلىق كۆۋرەك بولسۇن — سىملىق تېلېۋىزىيە خەۋەرلىرى ئۈستىدە ئويلىغانلىرىم (شىنجاڭ سىملىق تېلېۋىزىيە

ئىستانسىسى)، چوقچۇرلاپ خەۋەر قىلىش ئارقىلىق تەشۋىقات ۋاستىلىرىنىڭ تىرىشىش نىشانىنى گەۋدىلەندۈرەيلى (شىنجاڭ ئىقتىساد تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى)، شىخەنزىدە HFL كەڭ بەلۋاغلىق ئالماشتۇرۇش تېپىدىكى كۆپ ۋاستىلىك يەتكۈزۈشنى بەرپا قىلىش ھەققىدە تەسەۋۋۇر (شىخەنزە سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى)، شىنجاڭ سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ كۆرسىتىشنى كونترول قىلىش سىستېمىسىنى ئۆزگەرتىش ۋە لايىھىلەش (شىنجاڭ سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى).

جىن خۇڭلى

## ھەممە يېزا - كەنتلەرگە رادىئو، تېلېۋىزىيە يەتكۈزۈش ئىشلىرىدا ئىلگىرىلەش بولدى

1999 - يىلى رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە نازارىتى «ھەممە يېزا - كەنتكە رادىئو، تېلېۋىزىيە يەتكۈزۈش» نى كەسپىي قۇرۇلۇشتىكى ئەڭ مۇھىم ئىش قىلىپ، خىزمەت سالمىقىنى ئاشۇردى، مەركەز، ئاپتونوم رايون ۋە رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە نازارىتىنىڭ بىرلىكتە 29 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىشى بىلەن، 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئاپتونوم رايون بويىچە رادىئو - تېلېۋىزىيە يوق 209 يېزىغا، 10 - ئاينىڭ 9 - كۈنى رادىئو، تېلېۋىزىيە يوق 2157 كەنتكە زور تۈركۈمدە رادىئو، تېلېۋىزىيە ئۈسكۈنىسى يەتكۈزۈپ بېرىلدى، يىل ئاخىرىغىچە يېزا دەرىجىلىك ئورۇنلارغا ۋە 85% مەمۇرىي كەنتكە رادىئو، تېلېۋىزىيە يەتكۈزۈش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى. «ھەممە كەنتكە رادىئو، تېلېۋىزىيە يەتكۈزۈش» ئىشىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە نازارىتى يەنە «يېزا، كەنت رادىئو - تېلېۋىزىيە پونكىتلىرى ئۈچۈن تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش لېكسىيىسى» نى تۈزدى. «يېزا - كەنت رادىئو - تېلېۋىزىيە پونكىتلىرىنى باشقۇرۇش چارىسى» ۋە «ھەممە يېزا - كەنتكە رادىئو، تېلېۋىزىيە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۆلچىمى» نى تۈزدى ھەمدە تېخنىك خادىملارنى ئاساسىي قاتلامغا تەكشۈرۈش، يېتەكچىلىك قىلىشقا ئەۋەتتى.

جىن خۇڭلى

## ئۈرۈمچى رايونىدا رادىئو، تېلېۋىزىيە سانلىق مەلۇمات تورى قۇرۇلدى

1999 - يىلى رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە نازارىتىدە يېڭىدىن قۇرۇلغان تور ئارقىلىق يەتكۈزۈش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى رادىئو، تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى يەتكۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا، سانلىق مەلۇمات كەسپىنى يولغا قويۇپ، ئۈرۈمچى رايونىدا رادىئو، تېلېۋىزىيە سانلىق مەلۇمات تورىنى بەرپا قىلىپ، رادىئو، تېلېۋىزىيە ئاممىۋى ئۇچۇر تورى كەسپىنى يولغا قويدى. يىل ئاخىرىغىچە، بىر تۈركۈم ئورۇن ۋە گۇرۇپپىلار تورغا كىردى، تورغا كىرگەن ئورۇن ۋە ئابونېنتلار ئىنتېرنېتقا كىرىپ، توردا ئىش بېجىرەلەيدۇ ھەمدە يىراق مۇساپىلىك داۋالاش، يىراق مۇساپىلىك مائارىپ، ھۆججەت يەتكۈزۈش ۋە ئېلېكترونلۇق پوچتا يوللانمىلىرىنى يوللاش قاتارلىق كۆپ ئىقتىدارلىق مۇلازىمەت ئېلىپ بارالايدۇ.

جىن خۇڭلى

## كىنو فىلىم تارقىتىش - قويۇش ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئىشلەنگەن 35 مىللىمېتىرلىق يېڭى فىلىمدىن 144 ى تارقىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، مەملىكىتىمىزدە ئىشلەنگەن فىلىم 89؛ ئىمپورت قىلىنغان (چەت ئەللەردىن، شياڭگاڭ، تەيۋەندىن) فىلىم 55. بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ فىلىم 12. 35 مىللىمېتىرلىق فىلىم كوپىيىسىدىن 453 ى تارقىتىلدى. بىر يىلدا 32 مىڭ 868 مەيدان كىنو قويۇلدى، كۆرگۈچىلەر 2 مىليون 87 مىڭ 179 ئادەم (قېتىم) گە، كىنو قويۇشتىن قىلىنغان كىرىم 8 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە، تارقىتىشتىن قىلىنغان كىرىم 4 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر كىنو فىلىم تارقىتىش - قويۇش شىركىتى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا 16 مىللىمېتىرلىق كىنو فىلىم كوپىيىسىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن ۋە قوشۇمچە ياردەم ئۈچۈن 119 مىڭ يۈەن پۇل بەردى، بۇنىڭ ئىچىدە 109 مىڭ يۈەن 16 مىللىمېتىرلىق ھېكايە فىلىم كوپىيىسىنى سېتىۋېلىشقا، 10 مىڭ يۈەن 16 مىللىمېتىرلىق پەننىي تەربىيىۋى فىلىم كوپىيىسىنى سېتىۋېلىشقا ئىشلىتىلدى.

1999 - يىلى ئەسلىدە سېتىۋېلىنغان 240 ئامبىرىكا كىنو فىلىم كوپىيىسىنى قويۇش پۈتۈنلەي توختىتىلغانلىقتىن، 384 مىڭ يۈەن ھېكايە فىلىم مەبلىغى، 55 مىڭ يۈەن پەننىي تەربىيىۋى فىلىم مەبلىغى، جەمئىي 439 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئېشىپ قالدى.

نى يۈشىن

## ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدىكى كىنو فىلىملىرىنى كۆچۈرىدىغان يېڭى تىپتىكى ئاپپاراتنى ھەدىيە قىلىش - ئۆتكۈزۈۋېلىش مۇراسىمى

1999 - يىل 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى دۆلەت رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە باش ئىدارىسى ش ئۇ ئا ر كىنو فىلىم تارقىتىش - قويۇش شىركىتىگە ھەدىيە قىلغان 2 دانە 16

# سەھىيە، تېببىي دورىگەرلىك

## سەھىيە

### سەھىيە ئىشلىرىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ھەرخىل سەھىيە ئاپپاراتى 6608گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا 531، كارىۋات 71 مىڭ 436، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانىلاردىكىسى 53 مىڭ 8، كارىۋات ھەر 1000 ئادەمگە 3.03 تىن توغرا كەلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 122 مىڭ 178، بۇنىڭ ئىچىدە سەھىيە تېخنىكا خادىمى 97 مىڭ 514 بولۇپ، ھەر 1000 ئادەمگە 5.58 دىن توغرا كەلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە كەنت دەرىجىلىك داۋالاش نۇقتىسى 7671، بۇنىڭ ئىچىدە كەنت ياكى ئامما كوللېكتىپ باشقۇرىدىغىنى 3926، يېزا، كەنت دوختۇرلىرى ياكى ساقلىق ساقلاش خادىمى بىرلىشىپ باشقۇرىدىغىنى 1435، يېزىلىق شىپاخانا قۇرغان داۋالاش نۇقتىسى 1501، شەخسىي باشقۇرىدىغىنى 730، باشقىلار باشقۇرىدىغىنى 79، ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا - كەنت دوختۇرى 7132، ساقلىق ساقلاش خادىمى 4485، تۇغۇت ئانىسى 3941.

دېڭ كېجۇڭ

قوشۇمچە 1

ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر قايسى تارماقلىرىدىكى سەھىيە ئاپپاراتلىرى، كارىۋات، خادىملارنىڭ 1999 - يىلدىكى سانى

| | ئەمەلىي سانى | | | | نىسبىتى (%) | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئاپپارات | كارىۋات | ئومۇمىي خادىم | سەھىيە تېخنىكا خادىمى | ئاپپارات | كارىۋات | ئومۇمىي خادىم | سەھىيە تېخنىكا خادىمى |
| جەمئىي | 6608 | 71436 | 122178 | 97514 | 100 | 100 | 100 | 100 |
| سەھىيە تارماقلىرى | 455 | 26319 | 47583 | 36004 | 6.89 | 36.84 | 38.94 | 36.92 |

مىللىيەتچىلىق كىنو فىلىملىرىنى كۆچۈرىدىغان يېڭى تىپتىكى تاق ئاۋازلىق ماگنىتلىق ئاپپاراتنى قۇراشتۇرۇش - سىناش ئىشى تاماملاندى ھەمدە رەسمىي ئۆتكۈزۈپ بېرىش - ئۆتكۈزۈۋېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

نى يۇشىن

### يېزىلاردا كىنو فىلىملىرىنى تارقىتىش - قويۇش خىزمىتىنى ئىشلىگۈچى قىسمەن ئورۇنلار ۋە شەخسلەر تەقدىرلەندى

دۆلەت رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە باش ئىدارىسى 1999 - يىل 12 - ئاينىڭ 6 — 8 - كۈنىگىچە چاڭشادا ئاچقان «99، مەملىكەتلىك يېزا كىنو خىزمىتى يىغىنى ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى» دا، مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ سەنئەت - كىنو باشقارمىسى مەملىكەت بويىچە ئىلغار تەشكىللەش مۇكاپاتىغا؛ ياينغولىن ئوبلاستلىق كىنو شىركىتىنىڭ چەرچەن شۆبىسى، يەكەن ناھىيىلىك كىنو شىركىتى، ش ئۇ ئا ر كىنو فىلىملىرىنى تارقىتىش - قويۇش شىركىتى كىنو فىلىملىرىنى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىغا تەرجىمە قىلىش بۆلۈمى «مەملىكەت بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى؛ پوسكام ناھىيە ئىككىسۇ يېزا كىنو قويۇش ئەترىتى «مەملىكەت بويىچە ئىلغار شەخسلەر مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى؛ ماناس ناھىيىلىك كىنو باشقۇرۇش پونكىتىدىن جو تيېجۈن، يېڭىسار ناھىيە ساغان يېزىسىدىكى كىنو قويغۇچى ئابدۇۋاسىت «شەرەپ مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى.

نى يۇشىن

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| سانائەت تارماقلىرى ۋە باشقا تارماقلار | 2586 | 30379 | 49320 | 39526 | 39.13 | 42.53 | 40.37 | 40.53 |
| كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكىدىكى | 857 | 14407 | 21343 | 18111 | 12.97 | 20.17 | 17.47 | 18.57 |
| يەككىلەر ئاچقىنى | 2704 | 201 | 3699 | 3681 | 40.92 | 0.28 | 3.03 | 3.78 |
| باشقىلار | 6 | 130 | 233 | 192 | 0.09 | 0.18 | 0.19 | 0.20 |

## قوشۇمچە 2

ئاپتونوم رايونىنىڭ 1999 ـ يىلدىكى سەھىيە ئاپپاراتلىرى، كارۋات، خادىملار

| | ئاپپارات | كارۋات | ئومۇمىي خادىم | بۆلۈك ئىچىدە سەھىيە تېخنىكا خادىمى | | | | باشقا تېخنىك خادىملار | باشقۇرغۇچى خادىملار | ئىشچىلار، قارا خىزمەتچىلەر |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | كىچىك جەمئىي | ۋراچ، پراۋىزور، مېبستېرا، تېخنىك | فېلدشېر، فارماتسېپ، ياردەمچى سېستېرا، ياردەمچى تېخنىك | ئۆگەنچى فارماتسېپ، سانىتار، ئۆگەنچى تېخنىك | | | |
| جەمئىي | 6608 | 71436 | 122178 | 97514 | 59657 | 28162 | 9695 | 1892 | 10823 | 11949 |
| دوختۇرخانا | 531 | 53008 | 75112 | 59199 | 40292 | 13976 | 4931 | 726 | 6574 | 8613 |
| شىپاخانا | 826 | 13619 | 19587 | 16659 | 5258 | 8727 | 2674 | 82 | 1738 | 1108 |
| ساناتورىيە | 8 | 1421 | 630 | 307 | 248 | 44 | 15 | | 145 | 178 |
| ئامبۇلاتورىيە | 162 | 1761 | 3121 | 2697 | 1653 | 768 | 276 | 25 | 263 | 136 |
| مەخسۇس ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش ئورنى، پونكىتى | 16 | 420 | 479 | 355 | 288 | 60 | 7 | 7 | 64 | 53 |
| سەھىيە ـ يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى | 213 | 100 | 7206 | 5536 | 3953 | 1241 | 342 | 177 | 725 | 768 |
| ئانا ـ بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى | 72 | 199 | 1908 | 1515 | 934 | 459 | 122 | 26 | 232 | 135 |
| دورا تەكشۈرۈش ئاپپاراتى | 18 | | 359 | 252 | 226 | 8 | 18 | 18 | 57 | 32 |
| تېببىي پەن تەتقىقات ئاپپاراتى | 7 | 100 | 574 | 387 | 308 | 53 | 26 | 37 | 80 | 70 |
| تېببىي ئالىي مائارىپ ئاپپاراتلىرى | 4 | | 1929 | 753 | 714 | 4 | 35 | 325 | 465 | 386 |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېببىي ماائارىپ ئاپپاراتلىرى | 25 | | 1637 | 623 | 469 | 124 | 30 | 386 | 336 | 292 |
| باشقا سەھىيە ئاپپاراتلىرى | 43 | 808 | 1010 | 605 | 417 | 124 | 64 | 83 | 144 | 178 |
| ئامبۇلاتورىيە، ساقلىق ساقلاش پونكىتى، تېببىي بۆلۈم | 4683 | | 8626 | 8626 | 4897 | 2574 | 1155 | | | |

## قوشۇمچە 3

ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى سەھىيە ئاپپاراتلىرى، كارىۋات، خادىملارنىڭ 1999 - يىلدىكى سانى

| | ئاپپارات | كارىۋات | ئومۇمىي خادىم | بۇنىڭ ئىچىدە: سەھىيە تېخنىكا خادىمى | | | | باشقا تېخنىك خادىملار | باشقۇرغۇچى خادىملار | ئىشچىلار، قارا خىزمەتچىلەر |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | كىچىك جەمئىي | ۋراچ، پراۋىزور، سېستىرا، تېخنىك | فېلدشېر، فارماتسېۋت، ياردەمچى سېستىرا، ياردەمچى تېخنىك | ئۆگەنگۈچى فارماتسېۋت، ئۆگەنگۈچى سانىتار، ئۆگەنگۈچى تېخنىك | | | |
| جەمئىي | 6608 | 71436 | 122178 | 97514 | 59657 | 28162 | 9695 | 1892 | 10823 | 11949 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 912 | 13828 | 23843 | 17995 | 14442 | 2946 | 607 | 654 | 2469 | 2725 |
| قاراماي شەھىرى | 23 | 1402 | 3055 | 2260 | 1862 | 319 | 79 | 78 | 155 | 562 |
| شىخەنزە شەھىرى | 302 | 4073 | 7736 | 6113 | 4369 | 1330 | 414 | 196 | 586 | 841 |
| كۈيتۇڭ شەھىرى | 158 | 1906 | 3639 | 3019 | 1985 | 852 | 182 | 13 | 296 | 311 |
| سانجى ئوبلاستى | 734 | 5013 | 9781 | 7933 | 4839 | 2276 | 818 | 85 | 837 | 926 |
| بورتالا ئوبلاستى | 153 | 1629 | 3217 | 2544 | 1620 | 721 | 203 | 73 | 290 | 310 |
| ئىلى ۋىلايىتى | 943 | 6195 | 11234 | 9234 | 4919 | 2717 | 1598 | 131 | 899 | 970 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 419 | 3276 | 6261 | 5068 | 2657 | 1626 | 785 | 52 | 463 | 678 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | 292 | 2300 | 4724 | 3767 | 2320 | 1178 | 269 | 43 | 570 | 344 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 160 | 1826 | 3186 | 2633 | 1587 | 918 | 128 | 31 | 259 | 263 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 256 | 2439 | 4374 | 3563 | 2107 | 1214 | 242 | 42 | 325 | 444 |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | 600 | 5156 | 8634 | 7093 | 4372 | 1888 | 833 | 162 | 691 | 688 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 479 | 7089 | 10483 | 8497 | 4351 | 2648 | 1498 | 132 | 938 | 916 |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | 130 | 1510 | 2751 | 2122 | 1079 | 860 | 183 | 19 | 289 | 321 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 768 | 9113 | 13224 | 10756 | 4985 | 4736 | 1035 | 65 | 1237 | 1166 |
| خوتەن ۋىلايىتى | 279 | 4681 | 6036 | 4917 | 2163 | 1933 | 821 | 116 | 519 | 484 |

## ۋۇ دېڭيۈن «بېتيون مېدالى»غا ئېرىشتى

كادىرلار مىنىستىرلىكى بىلەن سەھىيە مىنىستىرلىكى 1999 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى «يولداش ۋۇ دېڭيۈنگە ‹بېتيون مېدالى› بېرىش توغرىسىدا قارار» چىقىرىپ، يولداش ۋۇ دېڭيۈننى خەلقنىڭ ياخشى دوختۇرى، ياخشى دوختۇرخانا باشلىقى دەپ ئاتاشنى، ئۇنىڭغا «بېتيون مېدالى» بېرىشنى قارار قىلدى ھەمدە پۈتۈن مەملىكەت سەھىيە سىستېمىسىدىكى سەھىيە خىزمەتچىلىرىنى يولداش ۋۇ دېڭيۈندىن ئۆگىنىشكە چاقىردى.

دىلى كېجۇلى

## يود كەملىك كېسەللىكىنى تىزگىنلەش خىزمىتى

1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندىكى يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش تارماقلىرى يود كەملىك كېسەللىكىنى نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 8 — 10 ياشقىچە بولغان 1226 ئوقۇغۇچىسىنى تەكشۈردى، سۈيدۈك ئەۋرىشكىسىدىن 361 نۇسخا، تۇز ئەۋرىشكىسىدىن 1166 نۇسخا، بوۋاق كىندىك قېنى ئەۋرىشكىسىدىن 546 نۇسخا تەكشۈردى. نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈش نەتىجىسى مۇنداق بولدى: 8 — 10 ياشقىچە بولغان بالىلار قالقان بېزىنىڭ ئىششىپ قېلىش نىسبىتى تۇتۇپ تەكشۈرگەندە %20.96، «B» تىپلىق ئۇلترا دولقۇنلۇق تەكشۈرۈش ئۇسۇلى بىلەن تەكشۈرگەندە %23.25 بولۇپ چىقتى. بالىلارنىڭ سۈيدۈكىدىكى يودنىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك سانى 202.8 مىكروگرام/لىتىر بولۇپ چىقتى، بۇنىڭ ئىچىدە 100 مىكروگرام/لىتىردىن چوڭلىرىنىڭ تارقىلىشى %71.4نى، 20 مىكروگرام/لىتىردىن كىچىكلىرىنىڭ تارقىلىشى %2.5نى ئىگىلەپ، دۆلەت ئېلان قىلغان ئۆلچەمگە يەتتى. تەكشۈرۈلگەن تۇز ئەۋرىشكىلىرى ئىچىدە 919 نۇسخا يودلۇق تۇزنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %87.8نى ئىگىلىدى، تۇزدىكى يودنىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك سانى 37.6 مىللىي گرام/كىلوگرام بولۇپ، 1997 ـ يىلدىكىدىن ئازراق ئۆرلىدى. باشلانغۇچ مەكتەپ 5 ـ يىللىق ئوقۇغۇچىلىرىدىن 575 ئوقۇغۇچى ۋە 150 ئايال ئائىلە خوجايىنىنىڭ يود كەملىك كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلىملىرىنى بىلىش ئەھۋالى سوئال قەغىزى تارقىتىش ئارقىلىق تەكشۈرۈلگەندە، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %70.21، ئوتتۇرىچە نومۇرى 69.85 بولۇپ، ئوتتۇرىچە نومۇرى 1997 ـ يىلدىكىدىن يۇقىرى بولدى. ئاپتونوم رايوندىكى يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش تارماقلىرى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا يود كەملىك كېسەللىكىنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەش ئۈچۈن، ئامېرىكىنىڭ ئالاقىدار فوند جەمئىيىتى ياردەم قىلغان سۇغىرىش سۈيىگە يود قوشۇش تۈرىنى داۋاملىق ئىجرا قىلدى. ئۈچتۇرپان، باي، مارالبېشى، گۇما، چىرا، نىيە ناھىيىلىرىدىكى 68 يېزا، بازار سۇغىرىش سۈيىگە يود قوشۇش ۋە ئەۋرىشكە ئېلىش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى، بۇ تۈر قاپلىغان تېرىلغۇ يەر 196 مىڭ گېكتاردىن ئاشتى، بۇنىڭدىن مەنپەئەتلەنگەن نوپۇس تەخمىنەن 950 مىڭغا يەتتى. 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى يەنى «يود كەملىك كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش» كۈنى ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر خىلمۇ خىل تەشۋىقات پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى. سەھىيە نازارىتى 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا شىخەنزە شەھىرىدە يود كەملىك كېسەللىكىنى تۈگىتىشنىڭ باسقۇچلۇق نىشانىنى باھالىغۇچىلار كۆرىكى ئاچتى ھەم باھالاش خىزمىتىنى ئاپتونوم رايون بويىچە قانات يايدۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلدى. سەھىيە نازارىتى ئالاقىدار تارماقلار ۋە مۇتەخەسسىسلەر بىلەن بىرلىكتە شىخەنزە شەھىرىنىڭ يود كەملىك كېسەللىكىنى تۈگىتىش ئەھۋالىنى باھالىدى، ئارىلاپ تەكشۈرۈپ دەلىللەش ئارقىلىق، شىخەنزە شەھىرىنىڭ يود كەملىك كېسەللىكىنى تۈگىتىش خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي نومۇرى ۋە تېخنىكا كۆرسەتكۈچلىرى دۆلەت بەلگىلىگەن تەلەپكە يەتكەن بولۇپ چىقتى.

دىلى كېجۇلى

## يۇلۇن سۇر ماددا ياللۇغىنى يوقىتىش خىزمىتى

1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىنىڭ سەھىيە تارمىقى يۇلۇن سۇر ماددا ياللۇغىنى يوقىتىش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى، جايلاردا 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ، 6 ـ كۈنلىرى 7 ـ نۆۋەتلىك يۇلۇن سۇر ماددا ياللۇغى ۋاكسىنىسى ئەملەپ ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرۇش پائالىيىتى بىر تۇتاش قانات يايدۇرۇلۇپ، 4 ياشقىچە بولغان 1 مىليون 500 مىڭ بالا ئىممۇنىتېتلاندى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئىممۇنىتېتلاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش

توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چۈشۈردى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، خەلق ھۆكۈمىتى، سىياسىي كېڭەشنىڭ ئالاقىدار رەھبەرلىرى ئۈرۈمچى شەھىرىدە بالىلارغا شېكەرلىك كۆمىلاچ يېگۈزۈش پائالىيىتىگە قاتناشتى. سەھىيە نازارىتى 4 ھەيدەكچىلىك گۇرۇپپىسى تەۋەتىش ئارقىلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ۋە ھەيدەكچىلىك قىلدى. جايلار يەنە ئۆتكۈر، سۇسلىما پالەچ (AFP) نى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش خىزمىتىنى كۈچەيتتى. AFP كېسەلدىن 77 نى مەلۇم قىلدى. AFP نىڭ كۆرۈلۈش نىسبىتى، 48 سائەت ئىچىدە AFP نىڭ تەكشۈرۈلۈش نىسبىتى، ئۆلكە دەرىجىلىك سەھىيە، يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتلىرىنىڭ AFP ئەۋرىشكىسىنى تاپشۇرۇۋېلىپ 7 كۈن ئىچىدە تەربىيىلەش نىسبىتى قاتارلىق نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش كۆرسەتكۈچلىرى دۆلەت بەلگىلىگەن تەلەپكە يەتتى. يۇلۇن سۇر ماددا ياللۇغىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ياۋا زەھەرلىك ستراممىنىڭ مەملىكەت سىرتىدىن كىرىشىنى توسۇش ئۈچۈن، دۆلەت كارانتىن باش ئىدارىسى شىنجاڭدىكى پورتلاردا AFPنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈشنى تەستىقلىدى. سەھىيە نازارىتى ش ئۇ ئا ر يۇلۇن سۇر ماددا ياللۇغىنى يوقىتىش تەييارلىق خىزمىتى گۇرۇپپىسى ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك AFP مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنى تەشكىللىدى ۋە تولۇقلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە يۇلۇن سۇر ماددا ياللۇغىنى يوقاتقانلىقنى دەلىللەش تەييارلىق خىزمىتى يىغىنى چاقىرىپ، ئاپتونوم رايوندا ئالدىنقى يىللاردا يۇلۇن سۇر ماددا ياللۇغىنى يوقىتىش خىزمىتىگە ئالاقىدار ماتېرىياللارنى ئەتراپلىق، سىستېمىلىق رەتلەپ چىقتى ۋە تەھلىل قىلدى.

دىڭ كېجۇڭ

## خولېرا كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش خىزمىتى

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 1999 - يىلى «خولېرانىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چۈشۈردى. سەھىيە نازارىتى جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى يىغىنلىرىنى چاقىرىپ، خولېرانىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش خىزمىتىنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇردى ھەم «خولېرانى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش لايىھىسى»نى چۈشۈردى. نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، سەھىيە نازارىتى غۇلجا، تۇرپان ۋە كورلا شەھەرلىرىدە خولېرانى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش، خولېرانىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش كۇرسلىرىنى ئېچىپ، كلىنىكا دوختۇرى، تەكشۈرگۈچى ۋە يۇقۇمدىن ساقلىنىش خادىمىدىن 197نى تەربىيىلىدى. جايلاردىكى داۋالاش ۋە سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش تارماقلىرى ئادەملەر توپىنى ۋە تاشقى مۇھىتنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئۈچەي ئامبۇلاتورىيىسىدىن 228نى تەسىس قىلدى. ئىچى سۈرگەن 33 مىڭ 590 ئادەمنى تىزىمغا ئالدى، 27 مىڭ 250 ئادەمنىڭ چوڭ تەرىتىنى تەكشۈردى، 794 ئادەمنى كېسەللىك مەنبەسى خاراكتېرلىك نازارەت قىلدى ۋە تەكشۈردى؛ 2729 نۇسخا سۇ ئەۋرىشكىسىنى تەكشۈرۈپ، 9 نۇسخا مۇسبەت ئەۋرىشكە تاپتى؛ 830 چىۋىننى، 715 نۇسخا چوڭ - كىچىك تەرەتنى تەكشۈرۈۋىدى، خولېرا مىكروبى چىقمىدى. 1999 - يىلى خولېرا كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان 4 كىشى، خولېرا مىكروبىنى ئېلىپ يۈرگەن 8 كىشى بايقالدى. كېسەل بالدۇر بايقالغانلىقى، ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىنغانلىقى ئۈچۈن تارقىلىپ كەتمىدى.

دىڭ كېجۇڭ

## ماخاۋنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش خىزمىتى

ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سەھىيە تارماقلىرى 1999 - يىلى ماخاۋ كېسىلىگە گىرىپتار بولغان 28 كىشىنى يېڭىدىن بايقاپ، 26 سىنى ساقايتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە بايقالغان ماخاۋ كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچى يىل ئاخىرىدا 3902 گە، داۋالاپ ساقايتىلغىنى 3690گە يەتتى. ئۆلگەنلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، يەنە 64 كېسەل قالدى. ماخاۋ كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ نىسبىتى تۆۋەنلەپ، 0.04‰گە چۈشتى؛ ماخاۋ كېسىلى تارقالغان 16 ناھىيىنىڭ 10ى دۆلەتنىڭ ماخاۋ كېسىلىنى ئاساسىي جەھەتتىن يوقىتىش ئۆلچىمىگە يەتتى.

دىڭ كېجۇڭ

## ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تەكشۈرۈش خىزمىتى

ئاپتونوم رايوننىڭ ئەيدىز ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىش دوكلاتىدىن قارىغاندا، 1999 - يىل 9 - ئايغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغان 2955 كىشى مەلۇم قىلىندى، ئۇلار ئىچىدە ئەيدىز كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلار 30. دېمەك ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئەھۋالى يەنىلا ئېغىر. 1999 - يىل 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئاپتونوم رايونلۇق ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش يىغىنى ئاچتى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت، قېيىيۇم باقاۋۇدۇن، مەمتىمىن زاكىر قاتارلىق رەھبەرلەر

مۇھىم سۆز قىلدى. سەھىيە نازارىتى، مائارىپ كومىتېتى، ج خ نازارىتى، ئەدلىيە نازارىتى، رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە نازارىتى ۋە ئىلى ئوبلاستى، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ رەھبەرلىرى يىغىندا ئۆز تارمىقى ياكى ئۆز رايونىدا ئەيدىز كېسەلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش خىزمىتىنىڭ ئىشلىنىش ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى. 1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئەيدىز كېسەلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش مەركىزى، ش ئۇ ئا ر جىنسىي كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش - نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش مەركىزى ھەم جايلاردىكى ئەيدىز كېسىلىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش قاراۋۇل نۇقتىلىرى كېسەل ئەھۋالىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش، ستاتىستىكىلاش ۋە يۇقىرىغا مەلۇم قىلىش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى. سەھىيە نازارىتى «ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئىلغاش لابوراتورىيىلىرىنى قايتا باھالاش، تىزىملاش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چۈشۈرۈپ، جايلاردىن ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئىلغاش لابوراتورىيىسىنى باشقىدىن مەلۇم قىلىش، لابوراتورىيە خىزمەتچىلىرىنى كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەشنى تەلەپ قىلدى. 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى يەنى «دۇنيا ئەيدىز كېسەلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش تەشۋىقات كۈنى» دە جايلار خېلى زور كۆلەملىك تەشۋىقات، مەسلىھەت بېرىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. ئاپتونوم رايوننىڭ ج خ، ئەدلىيە سىستېمىلىرى ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ياكى زەھەر تاشلاتقۇزۇش ئورۇنلىرىدا تەشۋىقات پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. ش ئۇ ئا ر مائارىپ كومىتېتى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى 20 ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا تېخنىكومدا ئەيدىز كېسىلى، جىنسىي كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەربىيە پائالىيىتىنى سىناق قىلدى، سىناقنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ھەربىر ئوقۇغۇچىغا سالامەتلىك تەربىيىسى رېتسېپى بېرىش، ئوقۇغۇچىلارغا ئەيدىز كېسىلى، جىنسىي كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا دائىر سىن لېنتىسى كۆرسىتىش، ھەربىر ئوقۇغۇچىدىن ئەيدىز كېسەلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلىمىدىن سوئال - جاۋاب توشقۇزۇشنى تەلەپ قىلىشتىن ئىبارەت بولدى. سەھىيە نازارىتى ئەيدىز كېسەلىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا دائىر 60 مىڭ پارچە تەشۋىقات رەسىمى ۋە 80 مىڭ پارچە خەتكۈش بېسىپ تارقاتتى ھەم «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە ئەيدىز كېسەلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مۇكاپاتلىق زېھىن سىناش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. سەھىيە نازارىتى سەھىيە مىنىستىرلىكىنىڭ ئەيدىز كېسەلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش قوشۇمچە ياردەم خىراجىتىنى تۈر بويىچە باشقۇرۇش توغرىسىدىكى تەلىپىگە ئاساسەن، سەھىيە مىنىستىرلىكىگە ئالاقىدار تۈرلەرنى ئىلتىماس قىلىش ماتېرىيالىنى يوللىدى. ئۇلاردىن تۆۋەندىكى 5 تۈر تەستىقلاندى: جىنسىي كېسەلگە دائىر كەسپىي بىلىملەر، كلىنىكىلىق داۋالاش ۋە لابوراتورىيە تېخنىكىسىنى ئۆگىتىش تۈرى، ئەيدىز كېسەلىنىڭ ۋىرۇسىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئىلغاش، قاراۋۇل نۇقتىلىرىدا نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش، قان ئېلىش، قان بىلەن تەمىنلەش ئاپپاراتلىرىدىكى دەسلەپكى قەدەمدە ئىلغاش لابوراتورىيىلىرىنى تىزگىنلەش ۋە سۈپىتىنى تەكشۈرۈش تۈرى، شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدە زەھەر چەككۈچىلەرنىڭ سالامەتلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش - ئارىلىشىش سىنىقى تۈرى، ئەيدىز كېسىلى تارقالغان مەھەللىلەردە سالامەتلىك تەربىيىسى سىنىقى ئېلىپ بېرىش تۈرى ھەم كلىنىكا دوختۇرلىرىغا ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسى ۋە ئەيدىز كېسىلىگە دائىر كلىنىكىلىق بىلىملەرنى ئۆگىتىش تۈرى. دۇنيا بانكىسى قەرز پۇل بەرگەن ساقلىق ساقلاش رايونى تۈرلىرى ئىچىدە ئەيدىز كېسىلى، جىنسىي كېسەل قاتارلىق تۈرلەر 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ رەسمىي يولغا قويۇلدى. بۇ تۈر ئۈچۈن 4 مىليون 400 مىڭ دوللار قەرز ئېلىنىپ، 9 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە 25 ناھىيە، شەھەردە ئەيدىز كېسەلىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا دائىر سىياسەت خاراكتېرلىك ئېچىش ئىشلىرىنى قوللاشقا، قان باشقۇرۇش، كېسەل ئەھۋالىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش ۋە ئارىلىشىش خىزمىتىنى كۈچەيتىشكە ئىشلىتىلدى. ب د ت ئەيدىز كېسىلى پىلان مەھكىمىسى تەمىنلىگەن «كۆك قان تومۇر ئارقىلىق زەھەر چېكىش خەۋپىنى ئازايتىش تۈرى» ئاساسىي جەھەتتىن بېكىتىلدى، بۇ تۈر خىراجىتى 100 مىڭ دوللار بولۇپ، رەھبەرلىك قاتلىمىنى ئېچىش، يۇقىرى قاتلام رەھبەرلەرنى چەت ئەللەرگە تەكشۈرۈشكە چىقىرىش، كەسپىي خادىملارغا زەھەرنىڭ خەۋپىنى ئازايتىش ماھارىتىنى ئۆگىتىش ھەم ئەيدىز كېسەلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئارىلىشىش مەھەللە مودېلى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا ئىشلىتىلدى.

دېڭ كېجۈڭ

## چۇمانىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش خىزمىتى

ئاپتونوم رايوننىڭ يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش تارمىقى 1999 - يىلى چۇمانى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش تورى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى، چۇمانى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش ۋە كېسەل ئەھۋالىنى ئالدىن تەكشۈرۈپ مەلۇم قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. چۇما مەنبەسى بولغان سۇغۇر، ئۇزۇن قۇيرۇقلۇق سېرىق چاشقان قاتارلىق ھايۋانلار ۋە ھاشاراتلار تەكشۈرۈلگەندە، ئۇلاردىن يەنىلا چۇما مىكروبى چىقتى، ھايۋانلار سېرولوگىيە

ئۇقتىسىدىن تەكشۈرۈلگەندە، ئۇلاردىن پەنسىلا چۈمالى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان مۇسبەت قان زەردابى چىقتى. چۈما مەنبەسى بار قىسمەن ناھىيىلەردە سۇغۇر ياكى چاشقاننىڭ زىچلىقى تەكشۈرۈلگەندە، بەزى جايلاردا چاشقاننىڭ زىچلىقى 1998 - يىلدىكىدىن يۇقىرى بولۇپ چىقتى. نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە قارىغاندا، قىسمەن رايونلاردا چۈما مايۋانلار ئارىسىدا ھېلىمۇ تارقىلىپ تۇرماقتا. خوتەن ۋىلايىتى، سانجى ئوبلاستى ۋە ئۈرۈمچى ناھىيىسىدە چۈمانىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاساسىي قاتلام خادىملىرى ئومۇمىيۈزلۈك تەربىيىلەندى؛ سەييارە تەكشۈرۈش كۈچەيتىلىپ، چۈما ۋاكسىنىسى ئەملەندى؛ چۈمادىن مۇداپىئەلىنىش تەشۋىقاتى ۋە تەربىيىسى قانات يايدۇرۇلۇپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئۆزىنى ئۆزى قوغداش ئىقتىدارى ئۆستۈرۈلدى. نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش، ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش خىزمەتلىرى خېلى كۈچلۈك ئىشلەنگەنلىكى ئۈچۈن، جايلاردا چۈما كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان ئادەم كۆرۈلمىدى.

دېلى كېجۈڭ

## دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى سەھىيە خىزمىتى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر قايسى جايلىرى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى باشلانغۇچ سەھىيە، ساقلىق ساقلاش ئۆلچىمىگە يەتكەندىن كېيىنكى مۇستەھكەملەش، ئۆستۈرۈش خىزمىتىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، باشلانغۇچ سەھىيە، ساقلىق ساقلاش خىزمىتىنىڭ ئىشلىنىش ئەھۋالىنى ئىز قوغلاپ باھالاپ تۇردى. باھالاش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، جايلاردا باشلانغۇچ سەھىيە، ساقلىق ساقلاش خىزمىتى ناھىيىلىك، يېزىلىق ھۆكۈمەتلەرنىڭ خىزمەت نىشانىغا كىرگۈزۈلگەن، خىزمەتتىكى ئاجىز ھالقىلار كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىش ئارقىلىق ياخشىلانغان، باشلانغۇچ سەھىيە، ساقلىق ساقلاش كۆرسەتكۈچلىرى داۋاملىق دۆلەت بەلگىلىگەن ئۆلچەمدە ساقلانغان، بەزى كۆرسەتكۈچلەر سەل ئۆستۈرۈلگەن. يېزىلاردا ھەمكارلىشىپ داۋالىنىشنىڭ قاپلاش نىسبىتى، يېزا، بازار بىرلىك قىلىنغاندا، 42.75%كە؛ مەمۇرىي كەنت بىرلىك قىلىنغاندا، 44.15%كە، ھەمكارلىشىپ داۋالىنىشقا قاتناشقان يېزا نوپۇسى 40.07%كە يەتكەن. سەھىيە نازارىتى تۇرپان شەھىرىدە 2 - قارارلىق يېزا ھەمكارلىشىپ داۋالىنىشنى باشقۇرۇش كۇرسى ئېچىپ، 47 كىشىنى تەربىيىلىدى. جايلاردا يېزا، كەنت دەرىجىلىك سەھىيە ئاپپاراتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى. يېزا، بازار شىپاخانىلىرىنىڭ مۇلازىمەت ئىقتىدارى تەرتىپكە سېلىنىپ، مەركىزىي شىپاخانىلارنىڭ تېخنىكىلىق مۇلازىمەت قىلىش ئىقتىدارى ئۆستۈرۈلدى، ئادەتتىكى يېزا شىپاخانىلىرى نوقۇل داۋالاش تىپىدىن داۋالاش، ئالدىنى ئېلىش، ساقلىق ساقلاش تىپىغا ئۆتۈشكە يېتەكلەندى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مۇلازىمەت ئۇنۇمىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ زىيادە كۆپ بولۇپ كەتكەن كېسەل كارىۋاتلىرى ئازايتىۋېتىلدى. يېزا، كەنت سەھىيە ئاپپاراتلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى، يېزا شىپاخانىلىرىنىڭ تېببىي خادىملىرى كەنت سەھىيە بۆلۈملىرىگە چۈشۈرۈلۈپ ياكى چەت رايونلاردا داۋالاش مۇلازىمەت نۇقتىلىرى تەسىس قىلىنىپ، ئاممىنىڭ كېسەل كۆرسىتىشىگە قولايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىلدى. كەنت سەھىيە ئاپپاراتلىرىغا قارىتا A دەرىجىلىك كەنت سەھىيە بۆلۈمى بەرپا قىلىش خىزمىتى تۈركۈمگە بۆلۈپ ئىشلىنىپ، كەنت سەھىيە بۆلۈملىرىنىڭ مۇلازىمەت شارائىتى ياخشىلاندى، باشقۇرۇش سەۋىيىسى ۋە تېخنىكا سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق ۋە ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك سەھىيە مەمۇرىي تارماقلىرى شەھەرلەردىن يېزىلارغا داۋاملىق تېببىي خادىم ئەۋەتىپ تۇردى، ئەۋەتىلگەن داۋالاش ئەترىتى 38گە، تېببىي خادىم 600 گە يەتتى.

دېلى كېجۈڭ

## سەھىيە پەن - تېخنىكىسى خىزمىتى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ سەھىيە پەن - تېخنىكىسى خىزمىتىدە يەنە يۈكسىلىش بولدى. دۆلەتنىڭ 9 - بەش يىللىق پىلانى مەزگىلىدىكى ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش تۈرلىرىدىن بىرى بولغان «قاپلىق قۇرت كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش تەتقىقاتى» نىڭ تارماق تېمىلىرى ئۈزمىسىدىكى تەتقىقاتتا ياخشى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، قاپلىق قۇرت كېسەللىكىنى داۋالاش دورىسى بولغان ئابېندا كاربازول ئېمۇلسىيىسىنى دۆلەت يېڭى دورا دەپ بېكىتىش ئىلتىماس قىلىندى؛ قاپلىق قۇرت كېسەللىكىنى تېز ئېنىقلاشقا ئىشلىتىلىدىغان بىرىكمە ئانتىگېنلىق دورا ئاساسىي جەھەتتىن قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتىنى باھالاش ۋە تەتنەرخىنى ھېسابلاشتىن ئۆتتى ھەم دۆلەت پاتېنتىغا ئىلتىماس قىلىندى. ئىت ئىسلەك قۇرتىنى چۈشۈرىدىغان ئۈز ۋۇنغىچە ئۈنۈم بېرىدىغان دورا بىر قىسىم ۋىلايەت، ناھىيىلەرگە كېڭەيتىلىپ، خېلى ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. دۆلەتنىڭ «1035» يېڭى دورا فوندى تۈرى بولغان قۇرت چۈشۈرۈش دورىسى ۋېرنوھېپىن (بەنجيۇجۇ) ئۈستىدىكى تەتقىقاتتا ئىلگىرىلەش بولۇپ، ۋېرنوھېپىننىڭ ئۈنۈملۈك تەركىبىدىن خىمىيۋى مونومېر ئېلىندى ھەم دۆلەت پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ باسقۇچلۇق باھالىشىدىن ئۆتۈپ، دۆلەتنىڭ مەبلەغ ياردىمى داۋاملىق قولغا كەلتۈرۈلدى.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىم پەن - تېخنىكا تەتقىقات تۈرى بولغان يوڭنىڭ ئېرىشىنى ئاستىلاتقۇچ تەتقىقاتىدا تەتقىقات مەزمۇنلىرىنىڭ كۆپ قىسمى تاماملاندى ھەم يود - كەملىك كېسىلى بار رايونلاردا ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئىشلىتىلدى. شىنجاڭ تېببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى قارمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانىنىڭ جىگەر كۆچۈرۈش ئۈستىدىكى كلىنىكىلىق تەتقىقاتى مۇھىم ئىلگىرىلەشكە ئېرىشتى. چوشقا جىگىرى 16 جۈپ - قېتىم كۆچۈرۈلدى، ئوپېراتسىيىدىن كېيىن چوشقىلارنىڭ تىرىك تۇرۇش ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا 6 كۈنگە يەتتى. پروبىركىدا كلىنىكىلىك ھامىلدار قىلىش سىنىقى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ، ھامىلدار بولغان ۋاقتى 3 ئايدىن ئاشتى. سەھىيە نازارىتى سەھىيە پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ قوللىنىش خىزمىتىنى داۋاملىق ئىشلەپ، 10 مۇۋەپپەقىيەتنى تونۇشتۇردى، 3 مۇۋەپپەقىيەتنى ئومۇملاشتۇردى، ئومۇملاشتۇرۇش جەريانىدا 70 نەچچە ئاساسىي قاتلام سەھىيە تېخنىكا خادىمىنى تەربىيىلىدى. ئاپتونوم رايون دۆلەتنىڭ غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، «شىنجاڭدىلا تېپىلىدىغان جۇڭيى تېبابىتى، مىللىي تېبابەت دورىلىرى بايلىقىدىن پايدىلىنىش تېخنىكىسى ۋە سانائەتلەشتۈرۈپ ئېچىش ئۈستىدىكى تەتقىقات»، «قاپلىق قۇرت كېسەللىكىنى تىزگىنلەشنىڭ ئاچقۇچلۇق تېخنىكىسى ئۈستىدىكى ئۇنىۋېرسال تەتقىقات» دۆلەتنىڭ 10 - بەش يىللىق پەن - تېخنىكا تەتقىقاتى پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن بۇ 2 تۈرنى ئىلتىماس قىلىش خىزمىتىنى تۈگەتتى.

دىڭ كېجۇڭ

## جۇڭگو جۇڭيى خاس تېبابەت ئىلمىنى كلىنىكىدا قوللىنىش - ئومۇملاشتۇرۇش تۈرى

شىنجاڭ جۇڭيى دورىگەرلىكى ئىلمىي جەمئىيىتى ئاپتونوم رايوننىڭ ئېسىل جۇڭيى خاس تېبابىتىنىڭ رىقابەتلىشىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش ۋە تونۇشلۇق دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئارقىلىق جۇڭيى خاس تېبابىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، 1999 - يىل 3 - ئاينىڭ 5 - ۋە 31 - كۈنلىرى 2 قېتىم مۇتەخەسسىسلەر كومىتېتى يىغىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايوندا جۇڭيى خاس تېبابەت ئىلمىنى كلىنىكىدا قوللىنىش تېخنىكىسى تۈرىنى باھالىدى؛ «جۇڭيى دورىسى بىلەن قاندا ماي كۆپ بولۇش كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش» خاس تېبابەت ئىلمى، دىئابېت كېسەللىكىنى جۇڭگو تېبابىتىدە داۋالاش خاس تېبابەت ئىلمى، يۇقىرى قان بېسىم كېسەللىكىنىڭ جۇڭيى تېبابىتىدە ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش خاس تېبابەت ئىلمى، شامالداراش تۈرىدىكى رېماتىزمنى جۇڭيى تېبابىتىنىڭ ئۇنىۋېرسال داۋالاش ئۇسۇلى ئارقىلىق داۋالاش، قايتا پەيدا بولغان توسۇلۇش خاراكتېرلىك كەم قانلىقنى جۇڭيى تېبابىتىدە داۋالاش خاس تېبابەت ئىلمى، زىيادە سەزگۈرلۈك بۇرۇن ياللۇغىنى جۇڭيى دورىسى بىلەن داۋالاش، سۈت بېزى ئۆسمىسىنى جۇڭيى تېبابىتىدە داۋالاش خاس تېبابەت ئىلمى، يۈز پالەچلىكىنى يىڭنە سانجىپ ئوكسىگېن بېرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق داۋالاش خاس تېبابەت ئىلمى، جىگەر كېسەللىكىنى جۇڭيى تېبابىتىدە داۋالاش، سىرتقى زەخىملىنىش خاراكتېرلىك پالەچلىكنى جۇڭيى ئۇنىۋېرسال سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بويىچە داۋالاش، جۇڭيى دورىسى پالەچلىك كاپسۇلى بىلەن سىرتتىن زەخىملىنىش خاراكتېرلىك پالەچلىكنى داۋالاش، داۋالاش قىيىن كېسەللەرنى جۇڭيى دورىسى ئارقىلىق داۋالاش خاس تېبابەت ئىلمى، بەيخۇي پەللىسىنى ئەمەن بىلەن داغلاش ئارقىلىق ئىچكى قۇلاق باش قېيىشنى داۋالاش، ئۇستىخان تېمىدىكى بوغۇم ياللۇغىنى جۇڭيى دورىسىنى ئىچى ۋە سىرتىدىن ئىشلىتىپ داۋالاش، كۆز تەكتى كېسەللىكىنى جۇڭيى تېبابىتىدە داۋالاش، بۆرەك كېسەللىكىنى جۇڭيى تېبابىتىدە داۋالاش خاس تېبابەت ئىلمى، گىمروينى جۇڭيى تېبابىتى ئۇنىۋېرسال داۋالاش ئۇسۇلى ئارقىلىق داۋالاش، مەقەت يېرىلىش قاتارلىق مەقەت كېسەللىكلىرى، مېڭە سەكتە كېسەللىكىنى جۇڭيى تېبابىتىدە داۋالاش خاس تېبابەت ئىلمى، مەزى بېزى كېسەللىكىنى جۇڭيى تېبابىتىدە داۋالاش خاس تېبابەت ئىلمى، مەزى بېزى ياللۇغى (يوغىناش) نى جۇڭيى تېبابىتىدە داۋالاش خاس تېبابەت ئىلمى ۋە جۇڭگاڭۇەننى قوشۇمچە ئىشلىتىپ ئۆسمىنى داۋالاش قاتارلىق 22 تۈرنى جۇڭگو جۇڭيى خاس تېبابەت ئىلمىنى كلىنىكىدا قوللىنىش تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش تۈرى قىلىشقا كۆرسەتتى. بۇ تۈرلەر جۇڭگو جۇڭيى دورىگەرلىكى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ كلىنىكىدا ئىشلىتىلىدىغان دورىلارنى باھالاش مۇتەخەسسىسلەر كومىتېتىغا باھالاپ بېرىشكە يوللانغاندى، 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى تەستىقلاندى.

دىڭ كېجۇڭ

## دورىلار ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى

ئاپتونوم رايوندىكى دورا تەكشۈرۈش تارماقلىرى 1999 - يىلى دورىلارنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى. ئۇلار ئۆز رايونىدىكى دورا ئىشلەيدىغان، دورا بىلەن تەمىنلەيدىغان، دورا ئىشلىتىدىغان ئورۇنلارنىڭ 49 خىل، 1357 ساندۇق دورىسىنى تەكشۈرگەندە 114 ساندۇقى لاياقەتسىز بولۇپ چىقتى، لاياقەتسىز بولۇش نىسبىتى 8.4% بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە جۇڭيى ئۆسۈملۈك دورىلىرىنىڭ لاياقەتسىز بولۇش نىسبىتى 37.38%،

بېشىرخىمىيىلىك دورىلارنىڭ لاياقەتسىز بولۇش نىسبىتى 14.58%، تەييار جۇڭيى دورىلىرىنىڭ لاياقەتسىز بولۇش نىسبىتى 11.6% بولدى. دورا ئىشلىگۈچى ئورۇنلار دورىلىرىنىڭ لاياقەتسىز بولۇش نىسبىتى 1.14%، دورا تىجارىتى قىلىدىغان ئورۇنلار دورىلىرىنىڭ لاياقەتسىز بولۇش نىسبىتى 8.73%، داۋالاش ئورۇنلىرى دورىلىرىنىڭ لاياقەتسىز بولۇش نىسبىتى 12.13% بولدى. مەملىكەت بويىچە دورىلارنى بىر تۇتاش تەكشۈرۈش پىلانى بويىچە تەكشۈرۈلگەن 551 ساندۇق دورىنىڭ لاياقەتسىز بولۇش نىسبىتى 8.7% بولدى. بۇلار ئىچىدە كۆپ قېرىمېنتلىق تابلېتكا، يىلان ئۆتى بىلەن سېچۈەن سوغىگۈلىدىن ئىشلەنگەن سۇيۇق دورا، ئۆت ياللۇغىنى ياندۇرۇش تابلېتكىسى قاتارلىق دورىلارنىڭ لاياقەتسىز بولۇش نىسبىتى يۇقىرىراق بولدى. ئاپتونوم رايوندىكى دورا تەكشۈرۈش ئارماقلىرى يەنە 17 ئورۇننىڭ ئوكۇل سۇيۇقلۇقىنى مەخسۇس تەكشۈرگەندە لاياقەتسىز بولۇش نىسبىتى 7.4% بولدى؛ 3 ئورۇننىڭ تېبابەتتە ئىشلىتىدىغان داكا ۋە ياغسىزلاندۇرۇلغان پاختىلىرىنى مەخسۇس تەكشۈرگەندە لاياقەتسىز بولۇش نىسبىتى 16.7% بولدى.

دىلى كېجۇلى

## رويخەتكە ئېلىنغان سېستىرالارغا پوسما كىيگۈزۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى

سەھىيە نازارىتى، شىنجاڭ پەرۋىش ئىلمىي جەمئىيىتى 1999 - يىل 5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە 12 - ماي خەلقئارا سېستىرالار بايرىمىنى تەبرىكلەش ۋە 1998 - يىلى رويخەتكە ئېلىنغان سېستىرالارغا پوسما كىيگۈزۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار 10 پېشقەدەم سېستىرا سېستىرالىق كەسپى بويىچە 1998 - يىللىق مەملىكەتلىك بىر تۇتاش ئىمتىھانىدا لاياقەتلىك بولۇپ، رويخەتكە ئېلىنغان 130 سېستىراغا پوسما كىيگۈزدى. پوسما كىيگۈزۈلگەن سېستىرالار پوسما كىيىپ قەسەم بەردى.

دىلى كېجۇلى

## كەسپكار ۋراچلار مەملىكەتلىك بىر تۇتاش ئىمتىھانغا قاتناشتۇرۇلدى

سەھىيە نازارىتى ئاپتونوم رايوندىكى كەسپكار ۋراچلارنى 1999 - يىل 11 - ئاينىڭ 20 — 21 - كۈنلىرى مەملىكەت بويىچە ئېلىنغان بىر تۇتاش ئىمتىھانغا قاتناشتۇردى. كەسپكار ۋراچلار كەسپكار ۋراچ ۋە كەسپكار ياردەمچى ۋراچ دەپ 2 دەرىجىگە بۆلۈنىدۇ. بۇ قېتىم كەسپكار ۋراچلاردىن مەملىكەت بويىچە ئېلىنغان بىر تۇتاش ئىمتىھان كلىنىكا، ئاممىۋى تازىلىق، ئېغىز بوشلۇقى ۋە جۇڭيىدىن ئىبارەت 4 تۈر، 24 خىل كەسپكە بۆلۈندى. ئاپتونوم رايوندىن 8035 ۋراچ 19 خىل كەسپتىن ئىمتىھان بەردى. ئۇلارنىڭ 5730ى خەنزۇ، 2305ى مىللىي. مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن لاياقەتلىك بولۇش نومۇر سىزىقى بويىچە، ئاپتونوم رايوندىكى كەسپكار ۋراچلار، كەسپكار ياردەمچى ۋراچلارنىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتۈش نىسبىتى 42% بولۇپ، مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرىچە ئۆتۈش نىسبىتى 70%تىن تۆۋەن بولدى. ھەر قايسى كەسپ ئىمتىھانلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بەلگىلەنگەن ئوقۇش تارىخىغا ئىگە ئۇيغۇر تېبابىتى كەسپكار ۋراچلىقى كەسپى (ئۇيغۇر تىلىدا)، بەلگىلەنگەن ئوقۇش تارىخىغا ئىگە ئۇيغۇر تېبابىتى كەسپكار ياردەمچى ۋراچلىقى كەسپى (ئۇيغۇر تىلىدا) ۋە مەلىكىلىك ياكى ھەقىقەتەن ئىختىساسلىق ئۇيغۇر تېبابىتى كەسپكار ۋراچلىقى كەسپى (ئۇيغۇر تىلىدا)دىن ئېلىنغان ئىمتىھانلاردىن ئۆتكەنلەرنىڭ نىسبىتى 70%تىن يۇقىرى بولدى؛ كلىنىكا كەسپكار ۋراچلىقى كەسپى (خەنزۇ تىلىدا)، كلىنىكا كەسپكار ياردەمچى ۋراچلىقى كەسپى (خەنزۇ تىلىدا)، ئېغىز بوشلۇقى كەسپكار ۋراچلىقى كەسپى (خەنزۇ تىلىدا)، بەلگىلەنگەن ئوقۇش تارىخىغا ئىگە جۇڭيى كەسپكار ۋراچلىقى كەسپى (خەنزۇ تىلىدا)، بەلگىلەنگەن ئوقۇش تارىخىغا ئىگە جۇڭيى كەسپكار ياردەمچى ۋاراچلىقى كەسپى (خەنزۇ تىلىدا) ۋە بەلگىلەنگەن ئوقۇش تارىخىغا ئىگە موڭغۇل تېبابىتى كەسپكار ياردەمچى ۋراچلىقى كەسپى (موڭغۇل تىلىدا)دىن ئېلىنغان ئىمتىھانلاردىن ئۆتكەنلەرنىڭ نىسبىتى 50% — 59% بولدى.

دىلى كېجۇلى

## داۋالىنىش خىراجىتىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى

ئاپتونوم رايوندىكى دوختۇرخانىلارنىڭ 1999 - يىللىق ستاتىستىكىلىق مەلۇماتىغا قارىغاندا، 1999 - يىلى سەھىيە تارمىقىنىڭ ناھىيە ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇنىۋېرسال دوختۇرخانىلىرىدا ھەر ئادەمنىڭ ئامبۇلاتورىيىدە بىر قېتىم كېسەل كۆرسىتىپ داۋالىنىش خىراجىتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 51.72 يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 13.85% ئېشىپ كەتتى، ئېشىش نىسبىتى 1998 - يىلدىكىدىن 2.85 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ھەر ئادەمنىڭ ئامبۇلاتورىيىدە بىر قېتىم كېسەل كۆرسىتىپ داۋالىنىش خىراجىتى ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق دوختۇرخانىلاردا 83.49 يۈەنگە يېتىپ، 10.22%، ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) لەرگە قاراشلىق دوختۇرخانىلاردا 60.29 يۈەنگە يېتىپ، 16.89%، ناھىيە دەرىجىلىك شەھەرلەرگە قاراشلىق دوختۇرخانىلاردا 37.19 يۈەنگە يېتىپ، 11.15%،

ناھىيىگە قاراشلىق دوختۇرخانىلاردا 33.05 يۈەنگە يېتىپ، 5.25% ئېشىپ كەتتى. بۇنى 1998 - يىلدىكى ئېشىش ھەجمى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق دوختۇرخانىلارنىڭ 15.88 پىرسەنت پوئىنتى، ناھىيىگە قاراشلىق دوختۇرخانىلارنىڭ 7.65 پىرسەنت پوئىنتى كېمەيدى، ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) كە قاراشلىق دوختۇرخانىلارنىڭ 0.79 پىرسەنت پوئىنتى، ناھىيە دەرىجىلىك شەھەرلەرگە قاراشلىق دوختۇرخانىلارنىڭ 7.35 پىرسەنت پوئىنتى ئاشتى.

بالنىسبەتەن كىرىپ چىققان ھەر كىشىنىڭ ئوتتۇرىچە داۋالىنىش خىراجىتى سەھىيە تارمىقىنىڭ ناھىيە ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇنىۋېرسال دوختۇرخانىلىرىدا 2065.18 يۈەنگە يېتىپ، 14.13% ئېشىپ، 3.93 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلەپ كەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق دوختۇرخانىلارنىڭ 5540.46 يۈەنگە يېتىپ، 17.3%، ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) لەرگە قاراشلىق دوختۇرخانىلارنىڭ 2277.68 يۈەنگە يېتىپ، 10.59%، ناھىيە دەرىجىلىك شەھەرلەرگە قاراشلىق دوختۇرخانىلارنىڭ 1357.26 يۈەنگە يېتىپ، 5.09%، ناھىيىگە قاراشلىق دوختۇرخانىلارنىڭ 1073.33 يۈەنگە يېتىپ، 10.39% ئېشىپ كەتتى، بۇنى 1998 - يىلدىكى ئېشىش نىسبىتى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق دوختۇرخانىلارنىڭ 1.5 پىرسەنت پوئىنتى، ناھىيە دەرىجىلىك شەھەرلەرگە قاراشلىق دوختۇرخانىلارنىڭ بىر پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى، ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) لەرگە قاراشلىق دوختۇرخانىلارنىڭ 4.9 پىرسەنت پوئىنتى، ناھىيىلەرگە قاراشلىق دوختۇرخانىلارنىڭ 8.09 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلەپ كەتتى.

كۈنلۈك يېتىپ داۋالىنىش ئوتتۇرىچە خىراجىتى سەھىيە تارمىقىنىڭ ناھىيە ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇنىۋېرسال دوختۇرخانىلىرىدا 170.48 يۈەنگە يېتىپ، 14.22% ئېشىپ كەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق دوختۇرخانىلاردا 306.75 يۈەنگە يېتىپ، 20.71%، ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) لەرگە قاراشلىق دوختۇرخانىلاردا 163.69 يۈەنگە يېتىپ، 14.74%، ناھىيە دەرىجىلىك شەھەرلەرگە قاراشلىق دوختۇرخانىلاردا 127.93 يۈەنگە يېتىپ، 0.39%، ناھىيىگە قاراشلىق دوختۇرخانىلاردا 116.33 يۈەنگە يېتىپ، 10.31% ئېشىپ كەتتى، 1998 - يىلدىكى ئېشىش نىسبىتى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق دوختۇرخانىلارنىڭ 9.09 پىرسەنت پوئىنتى، ناھىيە دەرىجىلىك شەھەرلەرگە قاراشلىق دوختۇرخانىلارنىڭ 25.31 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى، ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) لەرگە قاراشلىق دوختۇرخانىلارنىڭ 2.24 پىرسەنت پوئىنتى، ناھىيىلەرگە قاراشلىق دوختۇرخانىلارنىڭ 0.51 پىرسەنت پوئىنتى ئېشىپ كەتتى.

ھەر كىشىنىڭ ئامبۇلاتورىيىدە ھەر قېتىم كېسەل كۆرسىتىپ داۋالىنىش ئوتتۇرىچە خىراجىتىدە دورا خىراجىتىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى سەھىيە تارمىقىنىڭ ناھىيە ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇنىۋېرسال دوختۇرخانىلاردا 62.35% بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق دوختۇرخانىلاردا 63.36%؛ ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) لەرگە قاراشلىق دوختۇرخانىلاردا 63.43%، ناھىيە دەرىجىلىك شەھەرلەرگە قاراشلىق دوختۇرخانىلاردا 63.51%، ناھىيىلەرگە قاراشلىق دوختۇرخانىلاردا 58.21% بولدى. بۇنى 1998 - يىلدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق دوختۇرخانىلاردا 7.54 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى، ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) لەرگە ۋە ناھىيە دەرىجىلىك شەھەرلەرگە قاراشلىق دوختۇرخانىلاردا سەل ئۆرلىدى. دوختۇرخانىدا يېتىپ چىققان ھەر كىشىنىڭ داۋالىنىش خىراجىتىدە دورا خىراجىتىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق دوختۇرخانىلاردا 56.76%، ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) لەرگە قاراشلىق دوختۇرخانىلاردا 56.72%، ناھىيە دەرىجىلىك شەھەرلەرگە قاراشلىق دوختۇرخانىلاردا 52.43%، ناھىيىگە قاراشلىق دوختۇرخانىلاردا 52.79% بولدى، بۇنى 1998 - يىلدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق دوختۇرخانىلاردا 9.34 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى، ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) لەرگە، ناھىيە دەرىجىلىك شەھەرلەرگە ۋە ناھىيىلەرگە قاراشلىق دوختۇرخانىلاردا ئۆزگىرىش چوڭ بولمىدى.

دىلى كېچۈك

## داۋالاش ماجىرالىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىش ئەھۋالى

ئاپتونوم رايوننىڭ سەھىيە مەمۇرىي تارمىقى 1999 - يىلى داۋالاش ماجىراسىدىن 70نى قوبۇل قىلدى، ئۇلارنىڭ 48نىنى ش ئۇ ئا ر داۋالاش ھادىسىلىرىنى تېخنىكىلىق باھالاش كومىتېتى باھالىدى، بۇنىڭ ئىچىدە داۋالاش تېخنىكىسىدىن كېلىپ چىققان ھادىسە دەپ باھالانغىنى 14، داۋالاش مەسئۇلىيىتى ھادىسىسى دەپ باھالانغىنى 2، ئېغىر داۋالاش خاتالىقى دەپ باھالانغىنى 10. ئاپتونوم رايوننىڭ سەھىيە مەمۇرىي تارمىقى باھالاش نەتىجىسىگە ئاساسەن داۋالاش ھادىسىسىگە جاۋابكار ئورۇنلارغا مۇناسىپ چارە كۆردى. داۋالاش ھادىسىلىرىنى تېخنىكىلىق باھالاشنىڭ ئاشكارىلىقى ۋە ئادىللىقىنى يەنىمۇ ئۈستۈرۈش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايوننىڭ

سەھىيە مەمۇرىي تارمىقى داۋالاش ھادىسىسىنى تېخنىكىلىق باھالاشتا ئىسپات كۆرسىتىش تۈزۈمىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇپ، دوختۇر بىلەن ئاغرىقنىڭ ياكى ئۇلارنىڭ ۋاكالەتچىلىرىنىڭ باھالاش يىغىنىدا ئۆز ئاساسلىرىنى بايان قىلىشىغا رۇخسەت قىلدى. داۋالاش ھادىسىسىنى باھالاش تەرتىپىنى بەلگىلىدى.

دىڭ كېجۇڭ

## تىببىي ئالىي مەكتەپلەرنىڭ كلىنىكىلىق ئوقۇتۇش دوختۇرخانىلىرى بېكىتىلدى

سەھىيە نازارىتى بىلەن مائارىپ كومىتېتى 1999 - يىلى 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى بىر تۈركۈم دوختۇرخانىلارنى شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى، شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى تىببىي ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتۇش دوختۇرخانىسى قىلىشنى تەستىقلىدى.

تۆۋەندىكى دوختۇرخانىلار شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتۇش دوختۇرخانىسى بولدى: ش ئۇ ئا ر «خەلق» دوختۇرخانىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك «دوستلۇق» دوختۇرخانىسى، لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ ئۈرۈمچى باش دوختۇرخانىسى، شىنجاڭ بىڭتۈەن دوختۇرخانىسى، قاراماي نېفىت ئىدارىسى باش دوختۇرخانىسى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق «خەلق» دوختۇرخانىسى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول مەركىزىي دوختۇرخانىسى، ئىلى ئوبلاستلىق «دوستلۇق» دوختۇرخانىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 4 - خەلق دوختۇرخانىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئېغىز بوشلۇقى دوختۇرخانىسى.

تۆۋەندىكى دوختۇرخانىلار شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى تىببىي ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتۇش دوختۇرخانىسى بولدى: ش ئۇ ئا ر «خەلق» دوختۇرخانىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك «دوستلۇق» دوختۇرخانىسى، لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ ئۈرۈمچى باش دوختۇرخانىسى، شىنجاڭ بىڭتۈەن دوختۇرخانىسى، قاراماي نېفىت ئىدارىسى باش دوختۇرخانىسى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول مەركىزىي دوختۇرخانىسى، شىخەنزە شەھەرلىك «خەلق» دوختۇرخانىسى، بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 1 - شى دوختۇرخانىسى، بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 2 - شىسىنىڭ يەنجى دوختۇرخانىسى، بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 4 - شى دوختۇرخانىسى، شىخەنزە «بوستان» دوختۇرخانىسى.

دىڭ كېجۇڭ

## 3 داۋالاش مەركىزى قۇرۇلدى

سەھىيە نازارىتى ئاپتونوم رايوننىڭ تىببىي داۋالاش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشىش، بىمارلارنىڭ داۋالىنىش تەلىپىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، 1999 - يىلى 2 — 3 - ئايلاردا ش ئۇ ئا ر ۷داۋ داۋالاش تەتقىقات مەركىزى، ش ئۇ ئا ر سۈنئىي ئۇگە سېلىش مەركىزى (بۇ 2 سىگە يۆلەك ئورۇن ش ئۇ ئا ر «خەلق» دوختۇرخانىسى) ۋە ش ئۇ ئا ر سۆڭەك، ئۇگە ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى نېرۋا جاراھەتلىرىنى داۋالاش مەركىزى (بۇنىڭغا يۆلەك ئورۇن شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى قارىمىقىدىكى 2 - دوختۇرخانا) قۇرۇشنى كەينى - كەينىدىن تەستىقلىدى. بۇ 3 مەركەزنىڭ قۇرۇلۇشى دوختۇرخانىلارنىڭ ئادەم، تېخنىكا جەھەتلەردىكى ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاپتونوم رايوندىكى مۇناسىپ تىببىي ساھەلەرنىڭ تېخنىكا سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق.

دىڭ كېجۇڭ

## قاغىلىق ناھىيىسىدە كېزىك تارقالدى

1999 - يىلى 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 10 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە قاغىلىق ناھىيىسىدە كېزىك قىسمەن تارقىلىپ، 412 كىشى كېزىك بولۇپ قالدى، ئۇلاردىن 2 سى ئۆلۈپ كەتتى، كېسەل 9 يېزا، بازارنىڭ 123 كەنتىگە كېڭەيدى. كېزىك بولۇپ قالغانلار ئاساسەن ياشلار، ئۆسمۈرلەر بولۇپ، 20 ياشتىن تۆۋەنلەر 78.9% نى ئىگىلىدى. كېزىك كۆرۈلگەندىن كېيىن، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ رەھبەرلىرى كۆپ قېتىم كېلىپ ئەھۋال ئىگىلەپ، كېسەلدىن مۇداپىئەلىنىشكە قوماندانلىق قىلدى؛ ۋىلايەتنىڭ سەھىيە تارمىقى كەسپىي خادىملارنى ئەۋەتىپ شۇ جاينىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش خىزمىتىگە ياردەملەشتۈردى؛ ئاپتونوم رايوننىڭ سەھىيە تارمىقى تارقىلىشچان كېسەللىكلەر ئىلمىي ۋە يۇقۇملۇق كېسەللىك مەنبەسى ئىلمىي ئۇقتىلىرىنى تەكشۈردى ھەم دىئاگنوز قويۇشقا كېرەكلىك بۇيۇملار ۋە كېزىك ۋاكسىنىسى يەتكۈزۈپ بەردى.

دىڭ كېجۇڭ

## ئۈرۈمچى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئۆلۈش سەۋەبلىرى

ئاپتونوم رايوننىڭ يىللىق سەھىيە ستاتىستىكا مەلۇماتىغا قارىغاندا، 1999 - يىلى ئۈرۈمچى شەھەر رايونىنىڭ ئومۇمىي ئاھالىسى 1 مىليون 432 مىڭ 182 بولۇپ، كېسەللىك ۋە زەخىملىنىشتىن ئۆلگەنلەر 4491، ئۆلۈش نىسبىتى 3.14‰ بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەرلەر 729 مىڭ 923 بولۇپ، كېسەللىك ۋە زەخىملىنىشتىن ئۆلگەنلەر 2835، ئۆلۈش نىسبىتى 3.94‰؛ ئاياللار 702 مىڭ 259 بولۇپ، كېسەللىك ۋە زەخىملىنىشتىن ئۆلگەنلەر 1656، ئۆلۈش نىسبىتى 2.36‰. ئۆلۈشنىڭ ئالدىنقى 10 مۇھىم سەۋەبى يامان سۈپەتلىك ئۆسمە، يۈرەك كېسىلى، مېڭە قان تومۇر

كېسىلى، نەپەس سىستېمىسى كېسەللىكلىرى، زەخىملىنىش ۋە زەھەرلىنىش، ھەزىم سىستېمىسى كېسەللىكلىرى، ئىچكى ئاجراتما، ئوزۇقلىنىش، ماددا ئالمىشىش ۋە ئىممۇنىتېت كېسەللىكلىرى، سۈيدۈك ئاجرىتىش، جىنسىي كېسەللىكلەر، بوۋاق كېسەللىكلىرى، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر، تۇغما غەيرىيلىك.

دىلاك كېجۇلاك

## قوشۇمچە 1

ئۈرۈمچى شەھىرىدە 1999 - يىلى 10 خىل ئاساسلىق كېسەللىك بىلەن ئۆلۈش سەۋەبى ۋە ئۆلۈش مەخسۇس نىسبىتى

| رەت نومۇرى | جەمئىي | | | ئەر | | | ئايال | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئۆلۈش سەۋەبى | ئۆلۈش مەخسۇس نىسبىتى 1/تۈمەن | ئۆلگەنلەر سانىدا ئىگىلىگىنى (%) | ئۆلۈش سەۋەبى | ئۆلۈش مەخسۇس نىسبىتى 1/تۈمەن | ئۆلگەنلەر سانىدا ئىگىلىگىنى (%) | ئۆلۈش سەۋەبى | ئۆلۈش مەخسۇس نىسبىتى 1/تۈمەن | ئۆلگەنلەر سانىدا ئىگىلىگىنى (%) |
| 1 | يامان سۈپەتلىك ئۆسمە | 67.94 | 21.67 | يامان سۈپەتلىك ئۆسمە | 82.27 | 22.47 | يامان سۈپەتلىك ئۆسمە | 47.85 | 20.29 |
| 2 | يۈرەك، مېڭە قان تومۇر كېسەللىكى | 50.41 | 16.08 | يۈرەك كېسەللىكى | 61.65 | 15.87 | مېڭە قان تومۇر كېسەللىكى | 39.16 | 16.61 |
| 3 | نەپەس سىستېمىسى كېسەللىكى | 35.89 | 11.45 | مېڭە قان تومۇر كېسەللىكى | 61.24 | 15.77 | يۈرەك كېسەللىكى | 38.73 | 16.43 |
| 4 | زەخىملىنىش ۋە زەھەرلىنىش | 32.47 | 10.35 | نەپەس سىستېمىسى كېسەللىكى | 45.62 | 11.75 | نەپەس سىستېمىسى كېسەللىكى | 25.77 | 10.93 |
| 5 | ھەزىم سىستېمىسى كېسەللىكى | 13.41 | 4.28 | زەخىملىنىش ۋە زەھەرلىنىش | 45.21 | 11.64 | زەخىملىنىش ۋە زەھەرلىنىش | 19.22 | 8.15 |
| 6 | ئىچكى ئاجراتما، ئوزۇقلىنىش، ماددا ئالمىشىش ۋە ئىممۇنىتېت كېسەللىكى | 10.26 | 3.27 | ھەزىم سىستېمىسى كېسەللىكى | 17.54 | 4.51 | ئىچكى ئاجراتما، ئوزۇقلىنىش، ماددا ئالمىشىش ۋە ئىممۇنىتېت كېسەللىكى | 12.10 | 5.13 |
| 7 | سۈيدۈك ئاجرىتىش، جىنسىي كېسەللىك | 7.75 | 2.47 | بوۋاقلار كېسەللىكى | 1077 | 2.36 | ھەزىم سىستېمىسى كېسەللىكى | 9.11 | 3.86 |
| 8 | بوۋاقلار كېسەللىكى | 882.04 | 2.38 | سۈيدۈك ئاجرىتىش، جىنسىي كېسەللىك، ئىچكى ئاجراتما، ئوزۇقلىنىش، ماددا ئالمىشىش ۋە ئىممۇنىتېت كېسەللىكى | 8.49 | 2.19 | سۈيدۈك ئاجرىتىش، جىنسىي كېسەللىك | 6.98 | 2.96 |
| 9 | يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر | 6.07 | 1.94 | يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر | 8.08 | 2.08 | بوۋاقلار كېسەللىكى | 676.82 | 2.42 |
| 10 | تۇغما غەيرىيلىك | 4.61 | 1.47 | تۇغما غەيرىيلىك | 5.75 | 1.48 | يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر | 3.99 | 1.69 |
| | 10 خىل كېسەللىك بىلەن ئۆلگەنلەر جەمئىي | | 91.44 | | | 92.31 | | | 88.47 |

ئىزاھ: بوۋاقلار كېسەللىكى بىلەن ئۆلگەنلەرنىڭ مەخسۇس نىسبىتىدە تۇغۇلغان 100 مىڭ بوۋاق تۈپ سان قىلىپ ھېسابلاندى.

قوشۇمچە 2

ئۈرۈمچى شەھىرىدە 1999 - يىلى يامان سۈپەتلىك ئۆسمە بىلەن ئۆلۈش نىسبىتى (1/100 مىڭ)

| | جەمئىي | ئەر | ئايال |
|---|---|---|---|
| جەمئىي | 67.94 | 87.27 | 47.85 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: ئۆپكە راكى | 17.18 | 25.34 | 8.69 |
| جىگەر راكى | 11.38 | 16.44 | 6.12 |
| ئاشقازان راكى | 10.19 | 15.34 | 4.84 |
| قىزىل ئۆڭگەچ راكى | 4.40 | 5.89 | 2.85 |
| ئاققان كېسەللىكى | 4.05 | 3.97 | 4.13 |
| بوغما ئۈچەي، تۈز ئۈچەي، مەقەت راكى | 3.14 | 2.60 | 3.70 |
| ئەمچەك راكى | 1.40 | | 2.85 |

## شىنجاڭدىكى كەسپىي تېببىي ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى

سەھىيە نازارىتى 1999 - يىلى كەسپىي تېببىي ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى تەكشۈردى. بۇ خىزمەت «شىنجاڭدىكى كەسپىي تېببىي ئىختىساسلىق خادىملار تەرەققىيات پىلانى تەتقىقاتى» تېمىسىنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق مەزمۇنى.

تەكشۈرۈش نەتىجىسى مۇنداق بولدى: ئاپتونوم رايوندا ھەر 1000 نوپۇسقا توغرا كەلگەن سەھىيە تېخنىكا خادىمى ۋە دوختۇر، سېستىرا مەملىكەت بويىچە خېلى يۇقىرى، لېكىن ئومۇمىي ساپاسى ناچارراق، بەزى جەھەتلەرنىڭ قۇرۇلمىسى ئەقىلگە ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس. بۇ قېتىم ئەمەلىيەتتە 65 مىڭ 258 سەھىيە تېخنىكا خادىمى (بىڭتۇەندىكىلەر ۋە شەخسىي دوختۇرخانا ئاچقانلار بۇنىڭ سىرتىدا) تەكشۈرۈلدى. تەكشۈرۈلگەنلەرنىڭ كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىنىڭ قۇرۇلمىسى مۇنداق: ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي سەھىيە تېخنىكا ئۇنۋانى بارلار %0.88نى، كاندىدات ئالىي ئۇنۋانى بارلار %4.48نى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار %24.35نى، باشلانغۇچ دەرىجىلىك ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن ئۇنۋانى بارلار %70.29نى ئىگىلىدى. سەھىيە تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئومۇمىي ئوقۇش تارىخى قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، ماگىستىر ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى ئىلمىي ئۇنۋانى بارلار 250 بولۇپ، %0.38نى، تولۇق كۇرس ئوقۇش تارىخىغا ئىگىلەر 7270 بولۇپ، %11.14نى، ئالىي تېخنىكوم ئوقۇش تارىخىغا ئىگىلەر 12 مىڭ 898 بولۇپ، %19.76نى، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇش تارىخىغا ئىگىلەر 32 مىڭ 683 بولۇپ، %50.09نى، كەسپىي گۇۋاھنامىسى بارلار 3815 بولۇپ، %5.85نى، كەسپىي ئوقۇش تارىخى يوقلار 8342 بولۇپ، %12.78 نى ئىگىلىدى. ناھىيە، يېزا دەرىجىلىك سەھىيە ئاپپاراتلىرىدا ئوتتۇرا تېخنىكوم دىپلومى بارلار ۋە كەسپىي گۇۋاھنامىسى بارلار شۇ ئاپپاراتلاردىكى سەھىيە تېخنىكا خادىملىرىنىڭ %71.56نى، ئوقۇش تارىخى يوقلار %87.88نى ئىگىلىدى، بۇ ئاساسىي قاتلامدىكى سەھىيە تېخنىكا خادىملىرىنىڭ كەسپىي تەربىيە سەۋىيىسىنىڭ تېخىمۇ تۆۋەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بىر قىسىم تېببىي كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئوقۇش تارىخى قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇش تارىخىغا ئىگىلەر ۋە ئوقۇش تارىخى يوقلارنىڭ نىسبىتى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش كەسپىدە ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇش تارىخىغا ئىگىلەر %63.41نى، ئوقۇش تارىخى يوقلار %7.54نى ئىگىلىدى؛ ئالدىنى ئېلىش تېببىي كەسپىدە ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇش تارىخىغا ئىگىلەر %54.41نى، ئوقۇش تارىخى يوقلار %13.31نى ئىگىلىدى.

تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن يەنە شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاپتونوم رايوندىكى سەھىيە تېخنىكا خادىملىرىنىڭ سەھىيە مۇلازىمىتى ساھەلىرىگە تارقىلىشى تەكشى ئەمەس. كلىنىكىلىق داۋالاش مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار تەلەپتىن كۆپ، ئاممىۋى تازىلىق مۇلازىمىتى، مەھەللە سەھىيە مۇلازىمىتى ۋە سەھىيە نازارەتچىلىكى، قانۇن ئىجرا قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار نىسپىي يېتەرسىز. دوختۇرلار بىلەن سېستىرالار، كلىنىكا كەسپىي خادىملىرى بىلەن ياردەمچى تېببىي كەسپىي خادىملار، مەخسۇس كەسپ دوختۇرلىرى

بىلەن ھەممىباب دوختۇرلارنىڭ نىسبىتىدە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە تەڭپۇڭسىزلىق بار. سەھىيە تېخنىكا خادىملىرىنىڭ رايونلارغا تارقىلىشى ئانچە تەكشى ئەمەس، ئۈرۈمچى قاتارلىق شەھەرلەردە ھەر 1000 نوپۇسقا توغرا كېلىدىغان سەھىيە تېخنىكا خادىملىرىنىڭ سانى خوتەن، قەشقەر قاتارلىق چەت رايونلاردىكىدىن كۆپ.

دېڭ كېجۇڭ

## شىنجاڭ «خۇش خەۋەر» ئەرلەر كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسى قۇرۇلدى

جەمئىيەتنىڭ داۋالىنىشقا بولغان تەلىپىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، سەھىيە نازارىتى 1999 - يىل 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى شىنجاڭ «خۇش خەۋەر» ئەرلەر كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسى قۇرۇشنى تەستىقلىدى. بۇ خەلق باشقۇرىدىغان خالىس دوختۇرخانا بولۇپ، ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك باشقۇرۇش، پايدا - زىيانغا ئۆزى مەسئۇل بولۇشتەك ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويىدى. دوختۇرخانا قۇرۇلۇشىنىڭ ئۆلچىمى جەھەتتە، سەھىيە مەمۇرىي تارمىقى «ئەرلەر كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسى (2 - دەرىجىلىك) نىڭ ئاساسىي ئۆلچىمى» بويىچە تەلەپ قويىدى. دوختۇرخانىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئەرلەر تېبابىتى نەزەرىيىسىدىن پايدىلىنىپ، ئەرلەرنىڭ جىنسىي ئەزا، پەرزەنت كۆرۈش قاتارلىق تەرەپلىرىدە كۆرۈلىدىغان كېسەللىكلەرنى تەكشۈرۈپ داۋالاش ۋە شۇ جەھەتتە تېببىي مەسلىھەت بېرىشتىن ئىبارەت.

دېڭ كېجۇڭ

## 99' ئۈرۈمچى دورا، داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى كۆرگەزمىسى ئېچىلدى

بۇ كۆرگەزمە 1999 - يىل 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگە قەدەر ئۈرۈمچى كۆرگەزمە مەركىزىدە ئېچىلدى. كۆرگەزمە سەھىيە نازارىتىنىڭ مەسئۇللۇقىدا، شىنجاڭ سەھىيە سودا تەرەققىيات باش شىركىتىنىڭ ھۆددىگەرلىكىدە ئېچىلدى. كۆرگەزمىگە ئاساسەن مەملىكىتىمىز ۋە چەت ئەللەرنىڭ ئىلغار دورىلىرى، داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى، تېبابەت ساھەسىدە ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىللىرى ۋە باشقا مەھسۇلاتلىرى قويۇلدى. كۆرگەزمىگە مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالاقىدار 200 زاۋۇت قاتنىشىپ، 134 ياپما ئاچتى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆز قىلدى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قېيۇم باھاۋۇدۇن، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مىجىت ناسىر، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەتتىمىن زاكىر قاتارلىقلار ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

دېڭ كېجۇڭ

## ھەقسىز قان تەقدىم قىلىشتا مەملىكەت بويىچە ئىلغار ئورۇن ۋە شەخسلەر

سەھىيە مىنىستىرلىكى، جۇڭگو قىزىل كرېست باش جەمئىيىتى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى باش ئارقا سەپ بۆلۈمىنىڭ سەھىيە بۆلۈمى 1999 - يىل 12 - ئاينىڭ 24 - كۈنى بېيجىڭدا ھەقسىز قان تەقدىم قىلغۇچىلارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايوندىن سانجى شەھىرى ھەقسىز قان تەقدىم قىلىشتا ئىلغار شەھەر مۇكاپاتىغا، لياڭ سىڭ (ش ئۇ ئا ر 3 - قۇرۇلۇش شىركىتى دوختۇرخانىسىنىڭ ۋراچى) ، خەن شۆرۈ (ئۈرۈمچى تۆمۈريول دوختۇرخانىسىنىڭ ۋراچى) ، چېن شياۋپىڭ (بورتالا ئوبلاستلىق قان پونكىتىنىڭ باشلىقى) لار ھەقسىز قان تەقدىم قىلىش لوڭقا مۇكاپاتىغا، لى يەنجيې (بايىنغولىن ئوبلاستلىق تېيچاڭ سانائەت باش شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى) ھەقسىز قان تەقدىم قىلىشقا تۈرتكە بولۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

دېڭ كېجۇڭ

## 3 دوختۇرخانا «مەملىكەت بويىچە 100 ياخشى دوختۇرخانا» قاتارىدىن ئورۇن ئالدى

سەھىيە مىنىستىرلىكى، دۆلەت جۇڭيى دورىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى باش ئارقا سەپ بۆلۈمىنىڭ سەھىيە بۆلۈمى 1999 - يىل 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى 1997 — 1998 - يىللىق «مەملىكەت بويىچە 100 ياخشى دوختۇرخانا» تىزىمىنى ئېلان قىلدى، تىزىمدا ش ئۇ ئا ر «خەلق» دوختۇرخانىسى، شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى تېببىي ئىنستىتۇتى قارمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانا، بايىنغولىن ئوبلاستلىق «خەلق» دوختۇرخانىسى بار.

دېڭ كېجۇڭ

## كورلا شەھىرىگە مەملىكەت بويىچە پاكىز شەھەر دەپ نام بېرىلدى

مەملىكەتلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى كومىتېتى 1999 - يىل 6 - ئاينىڭ 24- كۈنى كورلا شەھىرىگە مەملىكەت بويىچە پاكىز شەھەر دەپ نام بەردى.

دېڭ كېجۇڭ

## غۇلجا ناھىيىسى يېزا جۇڭيى خىزمىتىدە مەملىكەت بويىچە ئىلغار ناھىيە بەرپا قىلىش ئورنى بولۇپ تەستىقلاندى

دۆلەت جۇڭيى دورىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى 1999 - يىل 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى غۇلجا ناھىيىسىنى يېزا جۇڭيى خىزمىتىدە مەملىكەت بويىچە ئىلغار ناھىيە بەرپا قىلىش ئورنى قىلىپ تەستىقلىدى، بەرپا قىلىش ۋاقتى 3 يىل.

دېڭ كېجۇڭ

### ۋۇ دېگىيۇنچە ئىلغار تېببىي خادىملار تەقدىرلەندى

كادىرلار نازارىتى بىلەن سەھىيە نازارىتى 1999 - يىل 12 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ سەھىيە سىستېمىسىدىكى ۋۇ دېگىيۇنچە ئىلغار تېببىي خادىملارنى تەقدىرلەش توغرىسىدا قارار چىقىرىپ، ۋاڭ دېچېڭ قاتارلىق 50 كىشىگە «ئاپتونوم رايوننىڭ سەھىيە سىستېمىسىدىكى ۋۇ دېگىيۇنچە ئىلغار تېببىي خادىم» دەپ نام بەردى.

دېڭ كېجۈڭ

### ئىلغارلار تەقدىرلەندى

سەھىيە نازارىتى 1999 - يىل 3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى «1998 - يىللىق شەھەرلەردىكى تېببىي خادىملارنىڭ يېزىغا چۈشۈپ مۇلازىمەت قىلىشىدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش توغرىسىدا قارار» چىقىرىپ، ش ئۇ ئا ر «خەلق» دوختۇرخانىسىنىڭ بۆرۈلتوقاي ناھىيىسىگە بارغان داۋالاش ئەترىتى قاتارلىق 29 داۋالاش ئەترىتىنى، جاۋ گۈيچېن قاتارلىق 66 ئىلغار شەخسنى تەقدىرلىدى.

دېڭ كېجۈڭ

### سەھىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى جاڭ ۋېنكاڭ شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى تەكشۈردى

سەھىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى جاڭ ۋېنكاڭ 1999 - يىل 6 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 13 - كۈنىگە قەدەر شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى تەكشۈردى. ئۇ بۇ مەزگىلدە قەشقەر شەھىرىگە بېرىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 5 ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى؛ ئۈلۈغچات ناھىيىلىك «خەلق» دوختۇرخانىسىغا ئالايىتەن بېرىپ يولداش ۋۇ دېگىيۇنىنى يوقلىدى؛ ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق سەھىيە سىستېمىسى، بىر قىسىم ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر سەھىيە تارمىقى ھەم بىڭتۈەن سەھىيە تارمىقىنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن كۆرۈشتى ھەم سەھىيە ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنىڭ ئەھۋالى، ۋەزىيىتى توغرىسىدا سۆز قىلدى. خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈشتە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەتتىمىن زاكىر ھەمراھ بولدى.

دېڭ كېجۈڭ

### دۆلەت جۇڭيى دورىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لى جېنجى شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى تەكشۈردى

دۆلەت جۇڭيى دورىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لى جېنجى 1999 - يىل 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 4 - كۈنىگە قەدەر خوتەن، قەشقەر، ئىلى، تۇرپان قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا جۇڭگو تېبابىتى، مىللىي تېبابەت دورىگەرلىكى خىزمىتىنى تەكشۈردى. ئۇ جۇڭگو تېبابىتى، مىللىي تېبابىتى بويىچە داۋالاش ئاپپاراتىدىن 17نى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ جۇڭگو تېبابىتى، مىللىي تېبابەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدا شۇ جايلارنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن پىكىرلەشتى ھەمدە ئۈرۈمچى شەھىرىدە مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا جۇڭگو تېبابىتى، مىللىي تېبابەت پەن - تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىي قىلىش ئەھۋالى توغرىسىدا دوكلات بەردى.

دېڭ كېجۈڭ

## تېببىي دورىگەرلىك

### تېببىي دورىگەرلىك سانائىتى كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە تېببىي دورىگەرلىك سانائىتى كارخانىسىدىن 81ى تىزىمغا ئېلىنىدى، ئۇلارنىڭ نورمال ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەت ئەھۋالىغا ھەم يوللانغان يىللىق مەلۇمات جەدۋىلىدىكى ماتېرىياللارغا ئاساسەن ئومۇملاشتۇرۇلغان كارخانا 41، بۇنىڭ ئىچىدە زىيان تارتقان كارخانا 13. يىل ئاخىرىدا ئىشلەۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچى 4996 بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن %3.8 ئازايدى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تېببىي دورىگەرلىك سانائىتى كارخانىلىرى ئورۇندىغان سانائەت مەھسۇلات قىممىتى (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا) 537 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %13؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 195 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %3.4؛ مەھسۇلات سېتىش كىرىمى 488 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %24.4 ئاشتى؛ يارىتىلغان پايدا (پايدا - زىيان بالانس قىلىنىدى) 13 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، زىيان تارتىش ھالىتى بىراقلا پايدا ئېلىشقا ئۆزگەردى. ئومۇملاشتۇرۇلغان 41 كارخانا ئىچىدە، 1999 - يىلى زىيان تارتقىنى 13 بولۇپ 2 سى ئازايدى؛ زىيان سوممىسى 26 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، زىيان %20 كۆپەيدى، زىيان تارتقان كارخانا %31.7 بولۇپ، 4.9 پىرسەنت پوئىنتى ئازايدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە تېببىي دورىگەرلىك سانائىتى كارخانىلىرى ئىچىدە پايدا - زىيىنى 1 مىليون يۈەندىن ئاشقان

كارخانىلار مۇنۇلار: شىنجاڭ «تىيفبىڭ» دورا زاۋۇتىنىڭ 24 مىليون 190 مىڭ يۈەن، «تەڭرىتاغ» دورا سانائىتى چەكلىك شىركىتىنىڭ 2 مىليون 110 مىڭ يۈەن، شىنجاڭ «ئاشەن» دورىگەرلىك چەكلىك شىركىتىنىڭ 2 مىليون 350 مىڭ يۈەن، شىنجاڭ دورا زاۋۇتىنىڭ 2 مىليون 780 مىڭ يۈەن، شىنجاڭ «تۆمۈر چوققا» دورىگەرلىك چەكلىك شىركىتىنىڭ 1 مىليون 840 مىڭ يۈەن، شىنجاڭ «خۇاشىدەن» دورىگەرلىك چەكلىك شىركىتىنىڭ مىنۇس 4 مىليون 670 مىڭ يۈەن، شىنجاڭ جۇڭگو نېفىت شىركىتى تېببىي داۋالاش بۆيۆملىرى چەكلىك شىركىتىنىڭ مىنۇس 3 مىليون 110 مىڭ يۈەن، شىنجاڭ «سەنجۇشىنلۇ» دورىگەرلىك چەكلىك شىركىتىنىڭ مىنۇس 13 مىليون 750 مىڭ يۈەن، شىنجاڭ «شىنغۇ» ئۇجمە دورىگەرلىكى چەكلىك شىركىتىنىڭ 1 مىليون 780 مىڭ يۈەن.

1999 ـ يىلى يارىتىلغان پايدا ۋە باج 56 مىليون 670 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 72% ئاشتى. مۇلۇكنىڭ قەرزدارلىق نىسبىتى 65.80% بولۇپ، 4.1 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى. يىل ئاخىرىدا كارخانىلار مۈلكىنىڭ سوممىسى 1 مىليارد 11 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە، قەرز سوممىسى 665 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە؛ تۇراقسىز مۈلكىنىڭ قىممىتى 477 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە، تۇراقلىق مۇلۇكنىڭ قىممىتى 451 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئۆزۈن مەزگىللىك سېلىنغان مەبلەغ 34 مىليون 340 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە يىغىۋېلىشقا تېگىشلىك سومما 120 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 5.8% ئاشتى، تەييار مەھسۇلات قىممىتى 118 مىليون 360 مىڭ يۈەن بولۇپ، 3.1% ئازايدى.

1999 ـ يىلى مەھسۇلات سېتىش جەھەتتىكى ئومۇمىي پايدا نىسبىتى 33.6% بولۇپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن 1.0 پىرسەنت پوئىنتى كېمەيدى؛ سېتىش خىراجىتى نىسبىتى 31.4% بولۇپ، 2.4 پىرسەنت پوئىنتى كېمەيدى؛ سېتىشتىن ئېلىنغان پايدا نىسبىتى 2.8%كە يېتىپ، 3.3 پىرسەنت پوئىنتى ئاشتى. يىل ئاخىرىدىكى ئەمەلىي كىرىم قىلىنغان كاپىتال 254 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت كاپىتالى 146 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 57.5%نى؛ قانۇنىي ئىگە كاپىتالى 58 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 22.9%نى؛ كوللېكتىپنىڭ كاپىتالى 9 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 3.8%نى؛ شەخسلەرنىڭ كاپىتالى 26 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 10.2%نى؛ چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ كاپىتالى 14 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 5.6%نى ئىگىلىدى.

دورىگەرلىك كەسپىي باشقارمىسى

## تېببىي دورا سودىسى كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇملاشتۇرۇلغان تېببىي دورا سودىسى كارخانىسى 112. تېببىي دورا تاۋارلىرىنى سېتىشتىن قىلىنغان كىرىم 1 مىليارد 436 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن 12.3% ئاشتى. يارىتىلغان پايدا (پايدا ـ زىيان بالانس قىلىنىدى) 29 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 8.3% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1999 ـ يىلى زىيان تارتقان كارخانا 17 بولۇپ، 1998 ـ يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ زىيان سوممىسى 9 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 30.4% كۆپەيدى؛ 15.2% كارخانا زىيان تارتتى. يىل ئاخىرىدا خىزمەتتىكى ئىشچى ـ خىزمەتچى 5005كە يېتىپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن 2.9% كۆپەيدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە 1 مىليون يۈەن زىيان تارتقان تېببىي دورا سودىسى كارخانىلىرى مۇنۇلار: شىنجاڭ «شىنتې» مىللىي دورا شىركىتىنىڭ 10 مىليون 430 مىڭ يۈەن، شىنجاڭ تېببىي دورا باش شىركىتى كەسپىي بۆلۈمىنىڭ 4 مىليون 600 مىڭ يۈەن، شىخەنزە شەھەرلىك تېببىي دورا شىركىتىنىڭ 3 مىليون 410 مىڭ يۈەن، قاراماي شەھەرلىك تېببىي دورا شىركىتىنىڭ 3 مىليون 170 مىڭ يۈەن، قەشقەر ۋىلايەتلىك تېببىي دورا شىركىتىنىڭ 2 مىليون 30 مىڭ يۈەن، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تېببىي دورا شىركىتىنىڭ 1 مىليون 90 مىڭ يۈەن، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 4 ـ شى تېببىي دورا شىركىتىنىڭ 1 مىليون 700 مىڭ يۈەن، شىنجاڭ تېببىي دورا شىركىتىنىڭ 1 مىليون 140 مىڭ يۈەن، شىنجاڭ دورا ماتېرىياللىرى شىركىتىنىڭ مىنۇس 2 مىليون يۈەن، ئۈرۈمچى شەھەرلىك تېببىي دورا باش شىركىتىنىڭ مىنۇس 2 مىليون 310 مىڭ يۈەن.

1999 ـ يىلى يارىتىلغان پايدا ۋە باج 79 مىليون 880 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن 4.4% تۆۋەنلەپ كەتتى. مۇلۇكنىڭ قەرز نىسبىتى 74.3%كە يېتىپ، 1.1 پىرسەنت پوئىنتى كۆپەيدى. يىل ئاخىرىدا كارخانىلارنىڭ مۈلكىنىڭ قىممىتى 1 مىليارد 308 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە، قەرز سوممىسى 972 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە، تۇراقسىز مۇلۇكنىڭ قىممىتى 930 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە، تۇراقلىق مۇلۇكنىڭ قىممىتى 358 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ ئۇزۇن مەزگىللىك سېلىنغان مەبلەغ 14 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يىغىۋېلىشقا تېگىشلىك سومما 397 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 5.3% ئاشتى، مەزگىل ئاخىرىدا ئامباردا ساقلانغان تاۋارلارنىڭ قىممىتى 332 مىليون 580 مىڭ يۈەن بولۇپ، 8.9% ئازايدى.

1999 - يىلى ئاۋار سېتىشتىن ئېلىنغان ئومۇمىي پايدا %17 بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 1.3 پىرسەنت پۇئىنتى ئازايدى؛ سېتىش خىراجىتى نىسبىتى %15.1 بولۇپ، 1.3 پىرسەنت پۇئىنتى تۆۋەنلىدى؛ سېتىشتىن ئېلىنغان پايدا نىسبىتى %2 بولۇپ، 1998 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. يىل ئاخىرىدا ئەمەلىي كىرىم قىلىنغان كاپىتال 177 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت كاپىتالى 146 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %87.5نى ئىگىلىدى.

تېببىي دورا كەسپىي باشقارمىسى

## تېببىي دورىگەرلىك كەسپىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى

ئازكەم 40 يىللىق تەرەققىيات ئارقىلىق، 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايوندىكى تېببىي دورا سانائىتى كارخانىلىرى خىمىيۋى خام ئەشيا - ماتېرىيالدىن ياسالغان دورىلار ۋە سۈيۈق دورىلار، تەييار جۇڭيى دورىلىرى (مىللىي تېبابەت دورىلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، ئىچىملىك ۋە تابلېتكا جۇڭيى دورىلىرى، تېببىي ساقلىق ساقلاش بۇيۇملىرى، تازىلىق ماتېرىياللىرى، داۋالاش ماشىنا - ئۈسكۈنىلىرى ۋە دورا ئوراش - قاچىلاش ماتېرىياللىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان، تۈرلىرى خېلى تولۇق بولغان تېببىي دورىگەرلىك سانائىتى سىستېمىسىنى تەدرىجىي بەرپا قىلدى، بۇ سىستېما ئارقىلىق ئاز كەم 470 خىل ئۆلچەملىك مەھسۇلات ئىشلەپچىقارغىلى بولىدۇ. بۇ كارخانىلار بايلىق ئۈستۈنلۈكىگە تايىنىپ يەن - تېخنىكا تەركىبى خېلى يۇقىرى بولغان چوچۇكبۇيا، چاكاندا، قار لەيلىسى، ئالقات، مىللىي تېبابەت دورىلىرى ۋە زاراڭزا مەھسۇلاتى قاتارلىق بىر يۈرۈش مەھسۇلاتلارنى ۋە ساقلىق ساقلاش يېمەكلىكلىرىنى ئىشلەپچىقاردى. 1985 - يىلدىن بۇيان تېببىي دورىگەرلىك يېڭى مەھسۇلاتتىن 71نى كەشىپ قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىك يېڭى دورا 21 خىل، جۇڭيى دورىسى ۋە مىللىي تېبابەت دورىسى 17 خىل، ساقلىق ساقلاش دورىسى 33 خىل. 1999 - يىلى تېببىي دورىگەرلىك يېڭى مەھسۇلاتلىرىنىڭ نىسبىتى %5.8 بولدى. 4 كارخانا ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلات شىنجاڭنىڭ داڭلىق مەھسۇلاتى دېگەن شەرەپكە ئېرىشتى، ئۇلار: شىنجاڭ دورا زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان «شىنجاڭ» ماركىلىق ئېفېدرىن، «تەڭرىتاغ» دورىگەرلىك سانائىتى چەكلىك شىركىتى ئىشلەپچىقارغان «تەڭرىتاغ» ماركىلىق چوچۇكبۇيا كىلاتاسىلىق يەككە ئاممونىي تۇزلىرى، شىنجاڭ «تيەنفېڭ» دورا زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان «تيەنفېڭ» ماركىلىق جىياجاگەي ئىچىملىكى، شىنجاڭ «خۇاشىدەن» دورىگەرلىك چەكلىك شىركىتى ئىشلەپچىقارغان «خۇاشى» ماركىلىق ئېجاۋگەي ئىچىملىكى.

شىنجاڭنىڭ جۇڭيى دورا ماتېرىياللىرى بايلىقىنى قوغداش، ئېچىش، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ۋە ئۇنى ئېرىپ ئۆستۈرۈش جەھەتتە يەنىمۇ ئىلگىرىلەش بولدى. جۇڭيى دورا ماتېرىيالى ئىشلەپچىقىرىش بازىسىدىن 7 سى قۇرۇلدى، بۇ بازىدا چوچۇكبۇيا، چاكاندا، ھىلە، سوغىگۈل، زاراڭزا، ئالقات، يۇمران بۇغا مۈڭگۈزى ئىشلەپچىقىرىلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە قاشالاپ ئاسرالغان چوچۇكبۇيىلىق كۆلىمى 58 مىڭ گېكتار، چوچۇكبۇيا تېرىلغان كۆلەم 2333 گېكتار، چاكاندا تېرىلغان كۆلەم 200 گېكتار، ئالقات تېرىلغان كۆلەم 8000 گېكتار، زاراڭزا تېرىلغان كۆلەم 33 مىڭ گېكتار.

مىللىي تېبابەت دورىلىرىنى ئېچىش، پايدىلىنىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش تەدرىجىي تەرەققىي قىلدى. دۆلەت دورا ئۆلچىمىنىڭ ئۇيغۇر دورىلىرى قوللانمىسى ئېلان قىلىندى، ئۇنىڭغا ئۇيغۇر دورا ماتېرىيالىدىن 115 خىل تويلىنىپ، 87 خىل تەييار سۈيۈق دورا ئىشلەپچىقىرىلدى. 3 مىللىي دورا زاۋۇتى قۇرۇلۇپ، ئۇيغۇر دورىگەرلىكىدە سانائەتلەشكەن ئىشلەپچىقىرىش دەسلەپكى قەدەمدە ئىشقا ئاشتى.

شىنجاڭنىڭ تېببىي دورا كەسپىدە، بولۇپمۇ تېببىي دورىگەرلىك سانائىتىدە ساقلىنىۋاتقان ئاساسلىق مەسىلىلەر:

1. كارخانىلارنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق ئەمەس. %95 تىن ئارتۇق تېببىي دورىگەرلىك سانائىتى كارخانىسى كىچىك كارخانا، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ مەركەزلىشىش دەرىجىسى يۇقىرى ئەمەس، كۆلەم جەھەتتىكى ئۈنۈمى گەۋدىلىك ئەمەس.

2. مەھسۇلات قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق ئەمەس. كونا مەھسۇلات كۆپ، يېڭى مەھسۇلات ئاز؛ پىششىقلىنىشى قوپال، دەرىجىسى تۆۋەن مەھسۇلات كۆپ، تېخنىكا مىقدارى ۋە قوشۇمچە قىممىتى يۇقىرى مەھسۇلات ئاز؛ تەكرار مەھسۇلات كۆپ، مەھسۇلات قۇرۇلمىسى ئوخشاشلىققا قاراپ يۈزلەنگەن، بازاردىكى تونۇلۇش دەرىجىسى ۋە رىقابەت كۈچى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان كوزىر مەھسۇلات كەمچىل.

3. كارخانىلارنىڭ تېخنىكا بىلەن قوراللىنىش سەۋىيىسى يۇقىرى ئەمەس، ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر - سەنئىتى ۋە تېخنىكىسى نىسپىي ئارقىدا قالغان، تېخنىكا تەرەققىياتى ئاستا.

4. يەن تەتقىقات ۋە تېخنىكا كۈچى ئاجىز ھەم چېچىلاڭغۇ، يېڭى مەھسۇلات كەشىپ قىلىش سالمىقى كەمچىل.

5. مەبلەغ كەمچىل، كاپىتال قۇرۇلمىسى بىرلا خىل. تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە، بازار ئېھتىياجلىق مەھسۇلاتلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى ياخشى ئەمەس، مىقدارى كۆپ ئەمەس؛ بايلىق ئەۋزەللىكىگە ئىگە ئالاھىدە جۇڭيى دورىلىرىدىن تېخى ياخشى پايدىلىنىلمىدى.

تېببىي دورىگەرلىك كەسپىي باشقارمىسى

# تەنتەربىيە

## خەلقئارا مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىش ئەھۋالى

ئاپتونوم رايونىمىز ئايال تەنھەرىكەتچىلىرىدىن فۇ لىڭلى، لەن خۇاڭ 1999 - يىلى 4 - ئاينىڭ 9 — 18 - كۈنىگىچە تايلاندتا ئۆتكۈزۈلگەن 99' ئاسىيا قولسۇق ۋالىبول سەييارە مۇسابىقىسىدە، دىخونىيۇرىدىكى 1 - بېكەتتە ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىدە بىرگە قارشى 4 نەتىجە بىلەن 2 - بولدى؛ باتتىيادىكى 2 - بېكەتتە ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىدە 2 گە قارشى 3 نەتىجە بىلەن مىس مېدال ئالدى.

8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى رومىنىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن دۇنيا ياشلار لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىدە، ئاپتونوم رايونىمىز چېلىشچىسى ئەلنۇر قەدىمچە چېلىشىشتا 58 كىلوگراملىقلار بويىچە 5 - بولدى.

9 - ئاينىڭ 8 — 12 - كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلگەن دۇنيا لوڭقىسىنى تالىشىش بويىچە ھەم ئارقىلىق باشقۇرۇلىدىغان پلانېر لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىدە، ئاپتونوم رايونىمىز پلانېر ئۇچۇرۇش تەنھەرىكەتچىسى خەن شىڭپىڭ «FIB» تىپلىق پلانېر ئۇچۇرۇش تۈرىدە 33.2038 نومۇرلۇق نەتىجە بىلەن چېمپىيون بولدى؛ ئۇ يەنە 14 — 17 - كۈنىگىچە لىيۇكسېنبورگدا ئۆتكۈزۈلگەن شتاتلار ئارا مۇسابىقىدە 5892 نومۇرلۇق نەتىجە بىلەن «F213» تىپلىق پلانېر ئۇچۇرۇش تۈرىدە شەخسلەر بويىچە ئالتۇن مېدال ئالدى.

10 - ئاينىڭ 13 - كۈنى شەرقىي ئاسىيا دۆلەتلىرى لوڭقىسى توساقتىن ئۆتۈش ئات ئويۇنى مۇسابىقىسىدە، ئاپتونوم رايونىمىز ئات ئويۇنى تەنھەرىكەتچىسى جېڭشى جۇڭگو كوماندىسىدىكى سەپداشلىرى بىلەن بىللە كوللېكتىپ 3 - بولدى. 10 - ئاينىڭ 20 — 30 - كۈنىگىچە ئۆزبېكىستاندا ئۆتكۈزۈلگەن 20 - نۆۋەتلىك ئاسىيا بوكس لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىدە، ئاپتونوم رايونىمىز بوكس تەنھەرىكەتچىسى ئابدۇراخمان ئابلىكىم 75 كىلوگراملىقلار بويىچە چېمپىيون بولدى، شۇنداقلا 2000 - يىلى سىدنىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش بېلىتىگە ئېرىشتى.

يۈ جىنخۇا

## مەملىكەتلىك رەسمىي مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىش ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز مۇنەۋۋەر تەنھەرىكەتچىلىرى، مۇنەۋۋەر كوماندىلىرى مەملىكەتلىك رەسمىي مۇسابىقىلەردە 5 تۈردە چېمپىيون، 10 تۈردە 2 -، 7 تۈردە 3 -، 6 تۈردە 4 -، 7 تۈردە 5 -، 4 تۈردە 6 -، 3 تۈردە 7 -، 4 تۈردە 8 - بولدى. 1999 - يىل 1 - ئاينىڭ 16 - كۈنى 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قىش پەسىللىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە، ئاپتونوم رايونىمىز چاڭغا تېيىلىش تەنھەرىكەتچىسى ئېرجان ئېگىز تاغدا كىچىك ئايلانمىلىق چاڭغا تېيىلىش تۈرىدە چېمپىيونلۇققا ئېرىشىپ، مەملىكەتلىك قىشلىق تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى تارىخىدا شىنجاڭ ئۈچۈن تۇنجى ئالتۇن مېدالنى قولغا كەلتۈردى؛ شىنجاڭ «ئۈمىد» پۇتبول كوماندىسى مەملىكەتلىك ياشلار پۇتبول بىرلەشمە مۇسابىقىسىدە 7 - بولدى، بۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىز پۇتبول كوماندىسى مەملىكەتلىك مۇسابىقىلەردە قولغا كەلتۈرگەن ئەڭ ياخشى نەتىجە. 1999 - يىلى ئەكرەم، ئابدۇشۈكۈر خەلقئارا دەرىجىلىك تەنھەرىكەت ماھىرى؛ ۋاڭ تىڭ (ئايال، تېز مۇز تېيىلىش)، ئابدۇراخمان (بوكسيورلۇق)، زو ۋېنخۇاڭ (ئايال، قارىغا ئېتىش)، بى خەيفېڭ (ئوقيا ئېتىش) لار دۆلەت دەرىجىلىك تەنھەرىكەت ماھىرى دەپ تەستىقلاندى. جاڭ يۇڭ (ۋاسكېتبول)، ۋاڭ ۋېن (ۋاسكېتبول)، ئادىل (بوكسيورلۇق)، جىڭ پىڭ (ۋاراتا توپ) لار دۆلەت دەرىجىلىك رېپېر؛ 30 نەپەر گۈزەللىك گىمناستىكىسى رېپېرى 1 - دەرىجىلىك رېپېر بولۇپ تەستىقلاندى؛ ۋاسكېتبول، يېنىك ئاتلېتىكا قاتارلىق تۈرلەر بويىچە مەملىكەتلىك رېپېرلار كۇرسى ۋە مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىلەرنىڭ رېپېرلىق خىزمىتىگە 21 ئادەم (قېتىم) ئەۋەتىلدى.

يۈ جىنخۇا

1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايون تەنھەرىكەتچىلىرىنىڭ مەملىكەتلىك رەسمىي مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىپ 1 ـ لىكتىن 8 ـ لىككىچە ئېرىشىش ئەھۋالى

| ئىسىم ـ فامىلىسى | جىنسى | مۇسابىقە نامى | مۇسابىقە تۈرى | ۋاقتى | ئورنى | نەتىجىسى | دەرىجىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئېرجان | ئەر | مەملىكەتلىك 9 ـ نۆۋەتلىك قىشلىق تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | ئېگىز تاغدا كىچىك ئايلانمىلىق چاڭغا تېيىلىش | 1.5 ~ 19 | جىلىن | 1'36"46 | 1 |
| فۇ لىڭلى | ئايال | مەملىكەتلىك قۇملۇق ۋالىبولى سەييارە مۇسابىقىسى | قۇملۇق ۋالىبولى | 4 — 9 ئايغىچە | 7 بېكەت | 720 نومۇر | 1 |
| لەن خۇاڭ | ئايال | | | | | | |
| تيەن يى | ئەر | مەملىكەتلىك پلانېر لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | FIB (كوللېكتىپ) | 9.22 ~ 26 | يىڭچۈەن | 3755 نومۇر | 1 |
| خې خەيجياڭ | ئەر | | | | | | |
| ياڭ فېڭ | ئەر | | | | | | |
| ئابدۇراخمان | ئەر | مەملىكەتلىك بوكس چېمپىيونلۇق تالىشىش مۇسابىقىسى | 75 كىلوگراملىقلار بويىچە | 11.23 ~ 26 | گۇيجۇ | 1 | |
| ئابدۇرۇسۇل | ئەر | مەملىكەتلىك باشلار بوكس لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 60 كىلوگراملىقلار بويىچە | 6.8 ~ 16 | شەندۇڭ | 1 | |
| ليۇ جۇڭ | ئەر | مەملىكەتلىك ئات ئويۇنى لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | ئارغىماق ئوينىتىش (كوللېكتىپ) | 10.14 ~ 17 | بېيجىڭ | 189.45 نومۇر | 2 |
| جى دېشىڭ | ئەر | | | | | | |
| ليۇ لىنا | ئايال | | | | | | |
| جانازگۈل | ئايال | | | | | | |
| ليۇ لىنا | ئايال | مەملىكەتلىك ئات ئويۇنى لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | ئارغىماق ئوينىتىش | 10.14 ~ 17 | بېيجىڭ | 70.78 نومۇر | 2 |
| جېڭىس | ئەر | مەملىكەتلىك ئات ئويۇنى لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | توساقتىن ئۆتۈش | 10.14 ~ 17 | بېيجىڭ | 4 نومۇر | 2 |
| نۇر بېكجان | ئەر | مەملىكەتلىك ئات چاپتۇرۇش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 500 مېتىر | 10.25 | بېيجىڭ | 7'09"97 | 2 |
| ۋېن لىنجياڭ | ئەر | مەملىكەتلىك پلانېر لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | FIABC (ئۇنىۋېرسال كوللېكتىپ) | 9.22 ~ 26 | يىڭچۈەن | 3846 نومۇر | 2 |
| ياڭ فېڭ | ئەر | | | | | | |
| تۇڭ دې | ئەر | | | | | | |
| ۋېن لىنجياڭ | ئەر | مەملىكەتلىك پلانېر لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | FIC (شەخسىي) | 9.22 ~ 26 | يىڭچۈەن | 1320 نومۇر | 2 |
| ياڭ فېڭ | ئەر | مەملىكەتلىك پلانېر لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | FIB (شەخسىي) | 9.22 ~ 26 | يىڭچۈەن | 1839 نومۇر | 2 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| خەن شىنە پىڭ | ئەر | مەملىكەتلىك پىلانېر لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | F2B (شەخس) | 9.22 ~ 26 | يىڭچۈەن | 6506.5 نومۇر | 2 |
| خەمىت | ئەر | «موتسىكلىت چولپىنى لوڭقىسى» مەملىكەتلىك دالىدا موتسىكلىت چاپتۇرۇش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 80CC (كوللېكتىپ) | 12.8 | شېنجېن | 71 نومۇر | 2 |
| ئەلى ئەركىن | ئەر | | | | | | |
| گوخەيجۇن | ئەر | «موتسىكلىت چولپىنى لوڭقىسى» مەملىكەتلىك دالىدا موتسىكلىت چاپتۇرۇش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 125CC (كوللېكتىپ) | 12.18 | شېنجېن | 80 نومۇر | 2 |
| پەرھات | ئەر | | | | | | |
| جۇ چىڭگو | ئەر | مەملىكەتلىك ياشلار تېز مۇز تېيىلىش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 5000 مېتىر | 2.21 ~ 24 | شېنياڭ | 7′54″2 | 3 |
| ئابدۇشۇكۇر | ئەر | مەملىكەتلىك بوكس لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 91 + كىلوگراملىقلار بويىچە | 6.17 ~ 26 | شاڭخەي | | 3 |
| ئابدۇراخمان | ئەر | مەملىكەتلىك بوكس لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 75 كىلوگراملىقلار بويىچە | 6.17 ~ 26 | شاڭخەي | | 3 |
| نۇرتاي | ئەر | مەملىكەتلىك بوكس لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 71 كىلوگراملىقلار بويىچە | 6.17 ~ 26 | شاڭخەي | | 3 |
| نۇرتاي | ئەر | مەملىكەتلىك بوكس چېمپىيونلۇق تالىشىش مۇسابىقىسى | 71 كىلوگراملىقلار بويىچە | 11.23 ~ 26 | گۇيجۇ | | 3 |
| دۆلەت | ئەر | مەملىكەتلىك ياشلار بوكس لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 71 كىلوگراملىقلار بويىچە | 6.8 ~ 16 | شەندۇڭ | | 3 |
| خەمىت | ئەر | «موتسىكلىت چولپىنى لوڭقىسى» مەملىكەتلىك دالىدا موتسىكلىت چاپتۇرۇش مۇسابىقىسى | 80CC (شەخس) | 12.18 | شېنجېن | 62 نومۇر | 3 |
| لى ۋېنكۈي | ئەر | مەملىكەتلىك يېنىك ئاتلېتىكا چېمپىيونلۇق مۇسابىقىسى ۋە مۇكاپاتلىق مۇسابىقىنىڭ ئومۇمىي ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسى | چويۈن توپ ئېتىش | 6.5 ~ 6 | شاڭخەي | 17.91 مېتىر | 4 |
| ئاقبەك | ئەر | مەملىكەتلىك مارافونچە يۈگۈرۈش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | مارافونچە يۈگرەش مۇسابىقىسى | 5.22 | ئۈرۈمچى | 2:31′12″ | 4 |
| ليۇ جۇلڭ | ئەر | مەملىكەتلىك ئات ئويۇنى لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | ئارغىماق ئويىنىتىش | 10.14 ~ 17 | بېيجىڭ | 67.22 نومۇر | 4 |
| دىڭ لىبى | ئەر | مەملىكەتلىك پىلانېر لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | S6A (كوللېكتىپ) | 9.22 ~ 26 | يىنچۈەن | 587 نومۇر | 4 |
| ۋاڭ شىنخۇا | ئەر | | | | | | |
| تاۋ جۇن | ئەر | | | | | | |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| تۇڭ دې<br>ۋاڭ شىنخۇا<br>تاۋ جۇن | ئەر<br>ئەر<br>ئەر | مەملىكەتلىك پلانېر لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | FIA (كوللېكتىپ) | 9.22 ~ 26 | يىنچۇەن | 3068 نومۇر | 4 |
| دىڭ لىپې | ئەر | مەملىكەتلىك پلانېر لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | S6A (شەخس) | 9.22 ~ 26 | يىنچۇەن | 253 نومۇر | 4 |
| لى ۋېنكۇي | ئەر | مەملىكەتلىك يېنىك ئاتلېتىكا لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | چويۇن توپ ئېتىش | 10.14 ~ 17 | خۇيجۇ | 17.24 مېتىر | 5 |
| دۇڭ جىجۇ | ئەر | مەملىكەتلىك 9 - نۆۋەتلىك قىشلىق تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | 90 مېتىرلىق پەشتاقتىن سەكرەش | 1.10 ~ 19 | جىلىن | 139.5 مېتىر | 5 |
| جۇ چىڭگو | ئەر | مەملىكەتلىك ياشلار تېز مۇز تېيىلىش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | تېز مۇز تېيىلىش بويىچە ماھارەت كۆرسەتمىش | 2.21 ~ 24 | شېنياڭ | 178.726 نومۇر | 5 |
| جېگىس<br>جانارگۈل<br>بېكجان<br>دولقۇن | ئەر<br>ئايال<br>ئەر<br>ئەر | مەملىكەتلىك ئات ئويۇنى لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | تۇساقتىن ئۆتۈش (كوللېكتىپ) | 10.14 ~ 17 | بېيجىڭ | 56 نومۇر | 5 |
| تيەن يى | ئەر | مەملىكەتلىك پلانېر لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | FIB (شەخس) | 9.22 ~ 26 | يىنچۇەن | 1246 نومۇر | 5 |
| تۇڭ دې | ئەر | مەملىكەتلىك پلانېر لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | FIA (شەخس) | 9.22 ~ 26 | يىنچۇەن | 1236 نومۇر | 5 |
| باقىتبېك | ئەر | مەملىكەتلىك ياشلار بوكس لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 81 كىلوگراملىقلار بويىچە | 6.8 ~ 16 | شەندۇڭ | | 5 |
| شياۋ يۈگۈي | ئايال | مەملىكەتلىك مارافونچە يۈگۈرۈش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | مارافونچە يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى | 5.22 | ئۈرۈمچى | 2:51′25″ | 6 |
| زۇ ۋېنخۇڭ<br>لى نا<br>گۇەن يۈەنيۈەن | ئايال<br>ئايال<br>ئايال | مەملىكەتلىك قارىغا ئېتىش كوللېكتىپ لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى (ئاياللارنىڭ مىلتىق ئېتىشى بويىچە) | كوللېكتىپ بويىچە 60 پاي ئوقنى يېتىپ تۇرۇپ ئېتىش | 6.15 ~ 20 | بېيجىڭ | 1762 ھالقا | 6 |
| گۈلجامال | ئايال | مەملىكەتلىك ئوقيا ئېتىش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 70 مېتىر | 6.14 ~ 20 | شائگخەي | 314 ھالقا | 6 |
| گو خەيجۇن | ئەر | «موتسىكلىت چولپىنى لوڭقىسى» مەملىكەتلىك دالىدا موتسىكلىت چاپتۇرۇش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 125CC | 12.18 | شېنجېن | 16 نومۇر | 6 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| چېن فالى | ئايال | مەملىكەتلىك 4 - نۆۋەتلىك شەھەرلەر ئارا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | يېنىك ئاتلېتىكا 1500 مېتىر | 17 ~ 9.11 | شىئەن | 4′26″7 | 7 |
| مىڭخېجولۇ | ئەر | مەملىكەتلىك ئات چاپتۇرۇش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 900 مېتىر (شەخس) | 10.25 | بېيجىڭ | 1′86″1 | 7 |
| گو خەيجۇن | ئەر | مەملىكەتلىك تاشيولدا موتسىكلىت چاپتۇرۇش مۇسابىقىسى | 125CC (شەخس) | 9 — 5 ئاپرېل | 3 بېكەت | 32 نومۇر | 7 |
| چېن فالى | ئايال | مەملىكەتلىك 4 - نۆۋەتلىك شەھەرلەر ئارا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | يېنىك ئاتلېتىكا 800 مېتىر | 17 ~ 9.11 | شىئەن | 2′07″87 | 8 |
| ئېرجان | ئەر | مەملىكەتلىك 9 - نۆۋەتلىك قىشلىق تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | ئېگىز تاغدا چولڭ ئايلانمىلىق چاڭغا تېيىلىش | 19 ~ 1.10 | جىلىن | 1′54″44 | 8 |
| جى دېشېڭ | ئەر | مەملىكەتلىك ئات ئويۇنى لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | ئارغىماق ئويىنىتىش | 17 ~ 10.14 | بېيجىڭ | 59.45 نومۇر | 8 |
| پەرھات | ئەر | مەملىكەتلىك دالىدا موتسىكلىت چاپتۇرۇش مۇسابىقىسى | 125CC (شەخس) | 9 — 5 ئاپرېل | 3 بېكەت | 31 نومۇر | 8 |

## 7 - نۆۋەتلىك يىراق شەرق ۋە جەنۇبىي تىنچ ئوكيان رايونى مېيىپلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا قاتنىشىش ئەھۋالى

1999 - يىل 1 - ئاينىڭ 10 — 16 - كۈنىگىچە تايلاندنىڭ پايتەختى بانگوكتا ئۆتكۈزۈلگەن 7 - نۆۋەتلىك يىراق شەرق ۋە جەنۇبىي تىنچ ئوكيان رايونى مېيىپلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە، جۇڭگو شىنجاڭ ئۈرۈمچى «تەڭرىتاغ» ماشىنىسازلىق زاۋۇتىنىڭ پۇتى مېيىپ تەنھەرىكەتچىسى جاڭ نەن مېيىپ هارۋىسىدا ئولتۇرۇپ ئوقيا ئېتىشتا ئالتۇن مېدال ئالدى، ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىدىن ۋاڭ يەنخۇڭ ئۆرە تۇرۇپ ئوقيا ئېتىشتا ئالتۇن مېدال ئالدى. بۇ ئاپتونوم رايوندىكى مېيىپ تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ خەلقئارالىق چوڭ مۇسابىقىلەردە قولغا كەلتۈرگەن ئەڭ ياخشى نەتىجىسى.

چېڭ جۇزى

## مەملىكەتلىك 6 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى

بۇ مۇسابىقە 1999 - يىل 8 - ئاينىڭ 18 — 23 - كۈنىگىچە شىزاڭنىڭ لاسا شەھىرىدە، 9 - ئاينىڭ 24 — 30 - كۈنىگىچە بېيجىڭ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايون كوماندىسى مىللىيچە چېلىشىش، ئىلەڭگۈچ، ئات ئۈستىدە ئويۇن كۆرسىتىش تۈرلىرىگە قاتناشتى.

لاسا مۇسابىقە رايونىدىكى مۇسابىقىدە شىنجاڭ كوماندىسى 6 مېدال ئالدى، بۇنىڭ ئىچىدە 2 سى (3000 مېتىرلىق ئات بەيگىسى ۋە 3000 مېتىرلىق ئات يورغىلىتىش) كۈمۈش مېدال، 3000 مېتىرلىق ئات يورغىلىتىشتا 4 -، 5000 مېتىرلىق ئات بەيگىسىدە 5 -، 2000 مېتىرلىق ئات بەيگىسىدە 7 -، 3000 مېتىرلىق ئات بەيگىسىدە 8 - بولدى. بېيجىڭ مۇسابىقە رايونىدا 48 ئادەمدىن تەشكىللەنگەن شىنجاڭ ۋەكىللەر كوماندىسى ئات ئۈستىدە ئويۇن كۆرسىتىش، مىللىيچە چېلىشىش، ئىلەڭگۈچ قاتارلىق 3 تۈرگە ۋە دارۋاز ئويۇنى، ئات ئۈستىدە كۈچ سىنىشىش قاتارلىق 2 ئويۇن كۆرسىتىش تۈرىگە قاتنىشىپ، 34 مېدال ئالدى، بۇنىڭ ئىچىدە 5 ى ئالتۇن مېدال، 2 سى كۈمۈش مېدال، 5 ى مىس مېدال؛ ئويۇن كۆرسىتىش تۈرلىرىدىن دارۋاز ئويۇنى 1 -، ئات ئۈستىدە كۈچ سىنىشىش 2 - بولدى؛ چېلىشىش كوماندىسى تەنتەربىيە ئەخلاق - پەزىلىتى مۇكاپاتىغا، 6 كوماندا ئەزاسى شەخسلەر بويىچە تەنتەربىيە ئەخلاق - پەزىلىتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ما شىنچىڭ

## مەملىكەتلىك 4 - نۆۋەتلىك شەھەرلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى

بۇ مۇسابىقە 1999 - يىل 9- ئاينىڭ 12 — 20 - كۈنىگىچە شىئەندە ئۆتكۈزۈلدى. 68 ئادەمدىن تەشكىللەنگەن

ئۈرۈمچى شەھىرى ۋەكىللەر ئۆمىكى (يۈزلەپ تەنھەرىكەتچى 52) چېلىشىش، رۇداۋچە چېلىشىش، ئېغىرلىق كۆتۈرۈش، قارىغا ئېتىش، ئوقيا ئېتىش، يېنىك ئاتلېتىكا، ۋاسكېتبولدىن ئىبارەت 7 تۈردىكى مۇسابىقىگە قاتناشتى. چېلىشىش تەنھەرىكەتچىسى شېن ۋېي ئەركىن چېلىشىشتا 48 كىلوگراملىقلار بويىچە كۈمۈش مېدال ئالدى؛ پەدە 12 تەنھەرىكەتچى ئالدىنقى 8 - لەر قاتارىغا كىردى. بۇ كوماندا 92 نومۇرغا ئېرىشىپ مەدەنىي ۋەكىللەر كوماندىسى بولۇپ باھالاندى. قەشقەر شەھىرى، شىخەنزە شەھىرى بۇ نۆۋەتلىك شەھەرلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا ئالاھىدە تەكلىپ بىلەن قاتناشتى.

جىاڭ خۇا

## ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى

بۇ مۇسابىقە 1999 - يىل 8 - ئاينىڭ 9 — 13 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر گۇرۇپپىسىغا ۋە كەسپىي سىستېمىلار گۇرۇپپىسىغا ئايرىلدى. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر گۇرۇپپىسىدا يېنىك ئاتلېتىكا، تېز مۇز تېيىلىش، ۋاسكېتبول، ۋالىبول، پۇتبول، تىكتاك توپ، خەلقئاراچە چېلىشىش، رۇداۋچە چېلىشىش، بوكسيورلۇق، تەيچۈەنداۋ كۈرىشى، قارىغا ئېتىش، ئوقيا ئېتىش قاتارلىق 12 چوڭ تۈر، 157 كىچىك تۈر تەسىس قىلىندى؛ كەسپىي سىستېمىلار گۇرۇپپىسىدا يېنىك ئاتلېتىكا، ۋاسكېتبول، تىكتاك توپ، پەي توپ، سۇ ئۈزۈش، گۈزەللىك گىمناستىكىسى، چويلا توپ، شاھمات، خەلقئاراچە شاھمات، قورشاۋ شاھمات، برىدژ، ۋاراتا توپ، مارافونچە كۆچ ئۆلاپ يۈگۈرۈشتىن ئىبارەت 13 چوڭ تۈر، 96 كىچىك تۈر تەسىس قىلىندى. ئاپتونوم رايوندىكى 15 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە شىخەنزە شەھىرى، 16 كەسپىي سىستېمىدىن كەلگەن 33 ۋەكىللەر ئۆمىكىدىن 6000 دىن ئارتۇق تەنھەرىكەتچى، ترېنېر، رەھبەر ۋە خىزمەتچى خادىم مۇسابىقىگە قاتناشتى. ئۈرۈمچى، سانجى، قەشقەر قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر گۇرۇپپىسى ۋە تۆمۈريول، نېفىت، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى قاتارلىق كەسپىي سىستېما گۇرۇپپىسى بويىچە ئومۇمىي نومۇردا ئالدىنقى 3 - لىككە كىردى. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر گۇرۇپپىسىدىن 4 ئادەم، 11 كوماندا 10 تۈردە ئاپتونوم رايوننىڭ چوڭلار ۋە ياشلار رېكورتىنى 17 قېتىم؛ 48 ئادەم، 4 كوماندا 28 تۈردە ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆسمۈرلەر رېكورتىنى 65 قېتىم بۇزدى؛ 2 ئادەم 4 قېتىم ماھىر دەرىجىلىك تەنھەرىكەتچى ئۆلچىمىگە، 32 ئادەم 49 تۈر (قېتىم) دە 1 - دەرىجىلىك تەنھەرىكەتچى ئۆلچىمىگە يەتتى. كەسپىي سىستېمىلار گۇرۇپپىسىدىن بىر ئادەم ماھىر دەرىجىلىك تەنھەرىكەتچى ئۆلچىمىگە، 3 ئادەم 3 تۈر (قېتىم) دە 1 - دەرىجىلىك تەنھەرىكەتچى ئۆلچىمىگە يەتتى. 32 كوماندا، 286 تەنھەرىكەتچى، 47 رېفېر تەنتەربىيە ئەخلاق - پەزىلىتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇقادىر نەسىردىن مۇسابىقىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت ئېچىش نۇتقى سۆزلىدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ لېچۈەن، ھامىدىن نىياز، جانابىل، جاڭ ۋېنيۆ، جۇ شېڭتاۋ، ئەسقەت كەرىمباي، لى لياڭخۇي، ئابدۇرېھىم ھامىد، چېن دېمىن، ۋۇ دۇنفۇ، خۇ جيايەنلەر ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

قوشۇمچە

ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدىكى تۈرلۈك مۇسابىقىلەردە كوللېكتىپ بويىچە ئالدىنقى 3 - لىككە، يەككە تۈر بويىچە 1 - لىككە ئېرىشكەنلەر

### ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر گۇرۇپپىسى

1. يېنىك ئاتلېتىكا ئۈرۈمچى 528.5 نومۇر، قەشقەر 367 نومۇر، ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار 316 نومۇر بىلەن كوللېكتىپ بويىچە ئالدىنقى 3 - لىككىچە ئېرىشتى.

ئەرلەرنىڭ يەككە تۈرى بويىچە 1 - بولغانلار: 100 مېتىرغا يۈگۈرۈشتە گاۋ فېڭ (ئۈرۈمچى شەھىرىدىن) 10″6؛ 200 مېتىرغا يۈگۈرۈشتە جاڭ لىمىڭ (ئۈرۈمچى شەھىرىدىن) 22″؛

400 مېتىرغا يۈگۈرۈشتە جاڭ ياڭ (ئۈرۈمچى شەھىرىدىن) 48″8؛ 800 مېتىرغا يۈگۈرۈشتە چېڭ يۈەن (ئۈرۈمچى شەھىرىدىن) 1′56″1؛ 1500 مېتىرغا يۈگۈرۈشتە گۇمىڭ (ئالتايدىن) 4′01″0؛ 3000 مېتىرغا يۈگۈرۈشتە ئەكبەر (قەشقەردىن) 9′06″1؛ 5000 مېتىرغا يۈگۈرۈشتە گۇمىڭ (ئالتايدىن) 15′28″0؛ 10 مىڭ مېتىرغا يۈگۈرۈشتە مۇھەممەتئېلى (قەشقەردىن) 32′37″3؛ 110 مېتىرغا توساقتىن ئاتلاپ يۈگۈرۈشتە جاڭ تىڭ (ئۈرۈمچى شەھىرىدىن) 14″6؛ 400 مېتىرغا توساقتىن ئاتلاپ يۈگۈرۈشتە جاڭ ياڭ (ئۈرۈمچى شەھىرىدىن) 54″0؛ 100 × 4 مېتىرغا كۆچ ئۆلاپ يۈگۈرۈشتە ۋېي شىنمىن، گاۋ فېڭ، جاڭ چېڭبو، جاڭ لىمىڭ (ئۈرۈمچى شەھىرىدىن) 42″6؛ 400 × 4 مېتىرغا كۆچ ئۆلاپ يۈگۈرۈشتە جاڭ ياڭ، لى ياڭ، جاڭ يۈچېڭ، جاڭ لىمىڭ (ئۈرۈمچى شەھىرىدىن) 3′22″0؛ 800 × 4 مېتىرغا كۆچ ئۆلاپ يۈگۈرۈشتە ئاخۇن ھەسەن، ئابدۇراخمان كىرەم، مەمەتجان ئىبرىز، ئابدۇخېلىل توختى (قەشقەردىن) 8′05″4؛

ئېگىزلىككە سەكرەشتە شۇ لېي (شىخەنزىدىن) 1.97 مېتىر؛ يىراقلىققا سەكرەشتە ھەسەن (بايىنغولىن ئوبلاستىدىن) 6.96 مېتىر؛ 3 ئاتلاپ يىراقلىققا سەكرەشتە دەي لۇ (شىخەنزىدىن) 14.82 مېتىر؛ چويۇن توپ ئېتىشتا چېن جۇڭخاۋ (قىزىلسۇ ئوبلاستىدىن) 16.07 مېتىر؛ دىسكا ئېتىشتا نۇرمۇھەممەت (قەشقەردىن) 54.70 مېتىر؛ نەيزە ئېتىشتا لولىياڭ (ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلاردىن) 59.59 مېتىر؛ 7 تۈر بويىچە ئومۇمىي ماھارەت كۆرسىتىشتە ياسىنجان (قەشقەردىن) 4550 نومۇر.

ئاياللار نىڭ يەككە تۈرى بويىچە 1 - بولغانلار: 100 مېتىرغا يۈگۈرۈشتە جياڭ مېي (ئۈرۈمچى شەھىرىدىن) 11"9؛ 200 مېتىرغا يۈگۈرۈشتە جياڭ مېي (ئۈرۈمچى شەھىرىدىن) 24"5؛ 400 مېتىرغا يۈگۈرۈشتە جۇ ۋېنجۈن (ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلاردىن) 56"0؛ 800 مېتىرغا يۈگۈرۈشتە چېن فاڭ (ئۈرۈمچى شەھىرىدىن) 2'11"1؛ 1500 مېتىرغا يۈگۈرۈشتە چېن فاڭ (ئۈرۈمچى شەھىرىدىن) 4'17"4؛ 3000 مېتىرغا يۈگۈرۈشتە رېن شاۋيۈن (ئىلى ئوبلاستىدىن) 10'11"6؛ 5000 مېتىرغا يۈگۈرۈشتە رېن شاۋيۈن (ئىلى ئوبلاستىدىن) 17'39"8؛ 100 مېتىرغا توساقتىن ئاتلاپ يۈگۈرۈشتە سۈي لى (ئىلى ئوبلاستىدىن) 14"7؛ 400 مېتىرغا توساقتىن ئاتلاپ يۈگرەشتە ساۋ خۇڭشيا (بايىنغولىن ئوبلاستىدىن) 1'04"8؛ 4 × 100 مېتىرغا كۆچ ئۇلاپ يۈگۈرۈشتە لى خۇيمىن، ۋاڭ لىجۈن، ليۇ سا، جياڭ مېي (ئۈرۈمچى شەھىرىدىن) 48"0؛ 4 × 400 مېتىرغا كۆچ ئۇلاپ يۈگۈرۈشتە يۈ سياۋ، پېڭ رۇيمىن، ۋاڭ يىڭزى، جۇ ۋېنجۈن (ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلاردىن) 3'48"2؛ 4 × 800 مېتىرغا كۆچ ئۇلاپ يۈگۈرۈشتە ئاتىخان يۈسۈپ، تالىڭ خۇا، قەدىرنىسا، پاتىگۈل ھوشۇر (قەشقەردىن) 9'29"5؛ ئېگىزلىككە سەكرەشتە جاۋ ۋېي (ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلاردىن) 1.77 مېتىر؛ يىراقلىققا سەكرەشتە ۋاڭ لىجۈن (ئۈرۈمچى شەھىرىدىن) 5.69 مېتىر؛ 3 ئاتلاپ يىراقلىققا سەكرەشتە جاڭ يەنپىڭ (سانجىدىن) 12.14 مېتىر؛ چويۇن توپ ئېتىشتا رېن لى (ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلاردىن) 14.30 مېتىر؛ دىسكا ئېتىشتا رېن لىڭ (ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلاردىن) 42.52 مېتىر؛ نەيزە ئېتىشتا ئايگۈل (ئاقسۇدىن) 46.75 مېتىر؛ 5 تۈر بويىچە ئومۇمىي ماھارەت كۆرسىتىشتە سۇن شيېنپىڭ (بايىنغولىن ئوبلاستىدىن) 3220 نومۇر.

2. تېز مۇز تېيىلىش سانجى 381 نومۇر، ئالتاي 213 نومۇر، ئۈرۈمچى شەھىرىدىن 138 نومۇر بىلەن كوللېكتىپ بويىچە ئالدىنقى 3 - لىككىچە ئېرىشتى.

ئەرلەرنىڭ يەككە تۈرى بويىچە 1 - بولغانلار: 5000 مېتىرغا كوللېكتىپ تېز مۇش تېيىلىشتا جاڭ يۈجۇ، جاڭ كۈي، ۋاڭ چياڭ (سانجى 1 - كوماندا) 7'34"3؛ ئومۇمىي ماھارەت كۆرسىتىش بويىچە جۇ چىڭگو (ئالتايدىن) 175.203 نومۇر؛ ئومۇمىي ماھارەت كۆرسىتىش بويىچە 500 مېتىرغا تېز مۇز تېيىلىشتا ليۇ جۈنبو (ئالتايدىن) 40"09؛ ئومۇمىي ماھارەت كۆرسىتىش بويىچە 3000 مېتىرغا تېز مۇز تېيىلىشتا جاڭ يۈجۇ (سانجىدىن) 4'32"65؛ ئومۇمىي ماھارەت كۆرسىتىش بويىچە 1500 مېتىرغا تېز مۇز تېيىلىشتا جۇ چىڭگو (ئالتايدىن) 2'05"19؛ ئومۇمىي ماھارەت كۆرسىتىش بويىچە 5000 مېتىرغا تېز مۇز تېيىلىشتا جۇ چىڭگو (ئالتايدىن) 7'57"46.

ئاياللارنىڭ يەككە تۈرى بويىچە 1 - بولغانلار: 3000 مېتىرغا كوللېكتىپ تېز مۇز تېيىلىشتا ۋاڭ شىڭشيا، جاڭ يىڭ، تيەن لى (سانجى 1 - كوماندا) 4'55"13؛ ئومۇمىي ماھارەت كۆرسىتىش بويىچە كۇڭ فەنبې (ئالتايدىن) 186.520 نومۇر؛ ئومۇمىي ماھارەت كۆرسىتىش بويىچە 500 مېتىرغا تېز مۇز تېيىلىشتا كۇڭ فەنبې (ئالتايدىن) 44"38؛ ئومۇمىي ماھارەت كۆرسىتىش بويىچە 1500 مېتىرغا تېز مۇز تېيىلىشتا ۋاڭ شىڭشيا (سانجىدىن) 2'20"20؛ ئومۇمىي ماھارەت كۆرسىتىش بويىچە 1000 مېتىرغا تېز مۇز تېيىلىشتا كۇڭ فەنبې (ئالتايدىن) 1'29"37؛ ئومۇمىي ماھارەت كۆرسىتىش بويىچە 3000 مېتىرغا تېز مۇز تېيىلىشتا ۋاڭ شىڭشيا (سانجىدىن) 4'53"52.

3. ۋاسكېتبول ئۈرۈمچى شەھىرى 43 نومۇر، ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار 37 نومۇر، بايىنغولىن ئوبلاستى 31 نومۇر بىلەن ئەرلەر كوماندىسى بويىچە ئالدىنقى 3 - لىككىچە ئېرىشتى. بايىنغولىن ئوبلاستى 43 نومۇر، ئىلى 37 نومۇر، ئۈرۈمچى 31 نومۇر بىلەن ئاياللار كوماندىسى بويىچە ئالدىنقى 3 - لىككىچە ئېرىشتى.

4. ۋالېيبول قەشقەر 43 نومۇر، ئۈرۈمچى شەھىرى 37 نومۇر، ئاقسۇ 31 نومۇر بىلەن ئەرلەر كوماندىسى بويىچە ئالدىنقى 3 - لىككىچە ئېرىشتى؛ ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار 43 نومۇر، قەشقەر 37 نومۇر، بايىنغولىن ئوبلاستى 31 نومۇر بىلەن ئاياللار كوماندىسى بويىچە ئالدىنقى 3 - لىككىچە ئېرىشتى.

5. پۇتبول ئۈرۈمچى شەھىرى 43 نومۇر، ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار 37 نومۇر، قۇمۇل 31 نومۇر بىلەن ئالدىنقى 3 - لىككىچە ئېرىشتى.

6. تېنىس توپ بايىنغولىن ئوبلاستى 115 نومۇر، شىخەنزە 87 نومۇر، ئۈرۈمچى شەھىرى 45 نومۇر بىلەن كوللېكتىپ بويىچە ئومۇمىي نومۇردا ئالدىنقى 3 - لىككىچە

ئېرىشتى.

ئەرلەرنىڭ ھەر قايسى تۈرلىرىدە 1 ـ بولغانلار: كوللېكتىپ ئويۇناشتا بايىنغولىن ئوبلاستى؛ يەككە ئويناشتا: لېر جيەنمىن (بايىنغولىن ئوبلاستىدىن)؛ جۈپ ئويۇناشتا: لېرجەنمىن، فۇ يىدۇڭ (بايىنغولىن ئوبلاستىدىن)؛ ئارىلاشما جۈپ ئويۇناشتا: لېرجيەنمىن، جۇجىن (بايىنغولىن ئوبلاستىدىن).

ئاياللارنىڭ ھەر قايسى تۈرلىرىدە 1 ـ بولغانلار: كوللېكتىپ ئويۇناشتا شىخەنزە؛ يەككە ئويۇناشتا مايەنلىڭ (بايىنغولىن ئوبلاستىدىن)؛ جۈپ ئويۇناشتا جۇ جىن، مايەنلىڭ (بايىنغولىن ئوبلاستىدىن).

7. خەلقئاراچە چېلىشىش قەشقەر 145 نومۇر، ئۈرۈمچى شەھىرى 91 نومۇر، قىزىلسۇ ئوبلاستى 80 نومۇر بىلەن قەدىمچە چېلىشىشتا ئومۇمىي نومۇردا ئالدىنقى 3 ـ لىككىچە ئېرىشتى.

قەشقەر 185 نومۇر، ئۈرۈمچى شەھىرى 112 نومۇر، ئىلى 62 نومۇر بىلەن ئەركىن چېلىشىشتا ئومۇمىي نومۇردا ئالدىنقى 3 ـ لىككىچە ئېرىشتى.

قەدىمچە چېلىشىشتا ھەر قايسى دەرىجىلىكلەر بويىچە 1 ـ بولغانلار: 43 — 46 كىلوگراملىقلار بويىچە: قېيۇم (تارباغاتايدىن)؛ 52 كىلوگراملىقلار بويىچە: ئالىمجان ھامۇت (ئۈرۈمچى شەھىرىدىن)؛ 56 كىلوگراملىقلار بويىچە: ئەركىن نۇرسىتاي (نېفىتتىن)؛ 60 كىلوگراملىقلار بويىچە: ئەكبەر تۇرسۇن (ئۈرۈمچى شەھىرىدىن)؛ 65 كىلوگراملىقلار بويىچە غوپۇر ھاجى (قىزىلسۇ ئوبلاستىدىن)؛ 70 كىلوگراملىقلار بويىچە ئالىم كېرىم (قەشقەردىن)؛ 76 كىلوگراملىقلار بويىچە ئاسىنبېك (تارباغاتايدىن)؛ 83 كىلوگراملىقلار بويىچە ئىمام ئابلەت (قەشقەردىن)؛ 90 كىلوگراملىقلار بويىچە ئەمەت قادىر (قەشقەردىن)؛ 90 — 115 كىلوگراملىقلار بويىچە نۇرمەت ئوبۇل (قەشقەردىن).

ئەركىن چېلىشىشتا ھەر قايسى دەرىجىلىكلەر بويىچە 1 ـ بولغانلار: 43 ~ 46 كىلوگراملىقلار بويىچە ئابلىكىم (تارباغاتايدىن)؛ 52 كىلوگراملىقلار بويىچە مۇرات (قەشقەردىن)؛ 56 كىلوگراملىقلار بويىچە ئىمام (قەشقەردىن)؛ 60 كىلوگراملىقلار بويىچە ياڭ بو (ئۈرۈمچى شەھىرىدىن)؛ 65 كىلوگراملىقلار بويىچە لى ۋېيمىڭ (ئۈرۈمچى شەھىرىدىن)؛ 70 كىلوگراملىقلار بويىچە ئابلەت (قەشقەردىن)؛ 76 كىلوگراملىقلار بويىچە دۆلەت (ئىلىدىن)؛ 83 كىلوگراملىقلار بويىچە راخمان (قەشقەردىن)؛ 90 كىلوگراملىقلار بويىچە مۇھەممەت (قەشقەردىن)؛ 90 — 115 كىلوگراملىقلار بويىچە جۇماخۇن (قەشقەردىن).

8. رۇداۋچە چېلىشىش قەشقەر 123 نومۇر، سانجى 72 نومۇر، ئۈرۈمچى شەھىرى 49 نومۇر بىلەن ئەرلەر كوللېكتىپى بويىچە ئومۇمىي نومۇردا ئالدىنقى 3 ـ لىككىچە ئېرىشتى؛ قەشقەر 109 نومۇر، ئىلى 80 نومۇر، ئۈرۈمچى شەھىرى 44 نومۇر بىلەن ئاياللار كوللېكتىپى بويىچە ئومۇمىي نومۇردا ئالدىنقى 3 ـ لىككىچە ئېرىشتى.

ئەرلەرنىڭ ھەر قايسى دەرىجىلىكلىرى بويىچە 1 ـ بولغانلار: 55 كىلوگراملىقلار بويىچە بى شىنگاڭ (سانجىدىن)؛ 60 كىلوگراملىقلار بويىچە شياڭ گاڭ (سانجىدىن)؛ 66 كىلوگراملىقلار بويىچە ئىلياس (ئۈرۈمچى شەھىرىدىن)؛ 73 كىلوگراملىقلار بويىچە خاكىن (ئۈرۈمچى شەھىرىدىن)؛ 81 كىلوگراملىقلار بويىچە ئەلى (قەشقەردىن)؛ 90 كىلوگراملىقلار بويىچە ئىدرىس (قەشقەردىن)؛ 100 ـ كىلوگراملىقلار بويىچە سادىق (قەشقەردىن)؛ دەرىجىدىن تاشقىرىلار بويىچە تىلەك (ئۈرۈمچى شەھىرىدىن).

ئاياللارنىڭ ھەر قايسى دەرىجىلىكلىرى بويىچە 1 ـ بولغانلار: 44 كىلوگراملىقلار بويىچە ئامىنە (قەشقەردىن)؛ 48 كىلوگراملىقلار بويىچە ئاينۇر (قەشقەردىن)؛ 52 كىلوگراملىقلار بويىچە گۇ جيەنخۇا (ئىلىدىن)؛ 57 كىلوگراملىقلار بويىچە لى يىڭ (ئىلىدىن)؛ 63 كىلوگراملىقلار بويىچە ئايگۈل (قەشقەردىن)؛ 70 كىلوگراملىقلار بويىچە باقىتگۈل (تارباغاتايدىن)؛ 78 ـ كىلوگراملىقلار بويىچە ئارزىگۈل (قەشقەردىن)؛ 78 + كىلوگراملىقلار بويىچە لى چىن (ئىلىدىن).

9. بوكسيورلۇق قەشقەر 111.5 نومۇر، ئۈرۈمچى شەھىرى 108 نومۇر، ئىلى 81.5 نومۇر بىلەن كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇردا ئالدىنقى 3 ـ لىككىچە ئېرىشتى.

ھەر قايسى دەرىجىلىكلەر بويىچە 1 ـ بولغانلار: 51 كىلوگراملىقلار بويىچە مەخمۇت (ئۈرۈمچى شەھىرىدىن)؛ 54 كىلوگراملىقلار بويىچە مۇھەممەت تۇرسۇن (قىزىلسۇ ئوبلاستىدىن)؛ 57 كىلوگراملىقلار بويىچە ئەكرەم (ئۈرۈمچى شەھىرىدىن)؛ 60 كىلوگراملىقلار بويىچە مۇھەممەت ئەمەتجان (قىزىلسۇ ئوبلاستىدىن)؛ 63.5 كىلوگراملىقلار بويىچە ئابدۇرۇسۇل (قىزىلسۇ ئوبلاستىدىن)؛ 67 كىلوگراملىقلار بويىچە سۇن جيې (شىخەنزىدىن)؛ 71 كىلوگراملىقلار بويىچە جياڭ جەندۇڭ (شىخەنزىدىن)؛ 75 كىلوگراملىقلار بويىچە ھەسەنجان (شىخەنزىدىن)؛ 81 كىلوگراملىقلار بويىچە خالىق قادىر (قەشقەردىن)؛ 91 ـ كىلوگراملىقلار بويىچە ئابدۇقادىر (قەشقەردىن).

10. تەيچۇەنداۋ ئۈرۈمچى شەھىرى 151 نومۇر، شىخەنزە 116.5 نومۇر، قەشقەر 82.5 نومۇر بىلەن كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇردا ئالدىنقى 3 ـ لىككىچە ئېرىشتى.

ئەرلەرنىڭ ھەر قايسى دەرىجىلىكلىرى بويىچە 1 ـ بولغانلار: 54 كىلوگراملىقلار بويىچە جۇ شىڭپىڭ (قۇمۇلدىن)؛ 58 كىلوگراملىقلار بويىچە شى جىنشياڭ (سانجىدىن)؛ 62 كىلوگراملىقلار بويىچە لى ۋېنلۇڭ (شىخەنزىدىن)؛ 67 كىلوگراملىقلار بويىچە جۇ پىڭ (ئۈرۈمچى شەھىرىدىن)؛ 72 كىلوگراملىقلار بويىچە ئېرىبېك ئۈرۈمچى شەھىرىدىن)؛ 78 كىلوگراملىقلار بويىچە لياڭ يى (ئۈرۈمچى شەھىرىدىن)؛ 84 كىلوگراملىقلار بويىچە جاڭ چاۋمىڭ (شىخەنزىدىن)؛ 84+ كىلوگراملىقلار بويىچە يۇياڭ (شىخەنزىدىن).

ئاياللارنىڭ ھەر قايسى دەرىجىلىكلىرى بويىچە 1 ـ بولغانلار: 47 كىلوگراملىقلار بويىچە ۋېي مىڭ (ئاقسۇدىن)؛ 51 كىلوگراملىقلار بويىچە ليۇ لىشىن (ئۈرۈمچى شەھىرىدىن)؛ 55 كىلوگراملىقلار بويىچە ساۋ گۇيفاڭ (سانجىدىن)؛ 59 كىلوگراملىقلار بويىچە يۈەن جىنلىەن (ئۈرۈمچى شەھىرىدىن)؛ 63 كىلوگراملىقلار بويىچە ۋاڭ شىجۈەن (سانجىدىن)؛ 67 كىلوگراملىقلار بويىچە ساۋ ليۇلى (ئاقسۇدىن)؛ 72 كىلوگراملىقلار بويىچە ئاسىنە (قەشقەردىن)؛ 72 + كىلوگراملىقلار بويىچە رۇقىيەم (ئۈرۈمچى شەھىرىدىن).

11. قارىغا ئېتىش نېفىتلىك 285 نومۇر، ئۈرۈمچى شەھىرى 281 نومۇر، سانجى 276 نومۇر بىلەن كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇردا ئالدىنقى 3 ـ لىككىچە ئېرىشتى.

ئەرلەرنىڭ ھەر قايسى تۈرلىرىدە 1 ـ بولغانلار: كىچىك كالىبىرلىق مىلتىق بىلەن يېتىپ تۇرۇپ 60 پاي ئوق ئېتىش كوللېكتىپىدىن پەن شاۋجۈن، لو جىڭ، يۈەن لىجىڭ (سانجىدىن) 1727 ھالقا؛ كىچىك كالىبىرلىق مىلتىق بىلەن يېتىپ تۇرۇپ 60 پاي ئوق ئېتىشتا يۈەن لىجىڭ (سانجىدىن) 585 ھالقا؛ كىچىك كالىبىرلىق مىلتىق بىلەن 20 × 3 پاي ئوق ئېتىش كوللېكتىپىدىن ۋاڭ لېي، لى يۇڭ، ۋاڭ لۇ (ئۈرۈمچى شەھىرىدىن) 1656 ھالقا؛ كىچىك كالىبىرلىق مىلتىق بىلەن 20 × 3 پاي ئوق ئېتىشتا جاڭ خۇ (نېفىتتىن) 571 ھالقا؛ گاز مىلتىق بىلەن 60 پاي ئوق ئېتىش كوللېكتىپىدىن ۋاڭ لېي، لى يۇڭ، ۋاڭ لۇ (ئۈرۈمچى شەھىرىدىن) 1670 ھالقا؛ گاز مىلتىق بىلەن 60 پاي ئوق ئېتىشتا جاڭ خۇ (نېفىتتىن) 571 ھالقا؛ كىچىك كالىبىرلىق تاپانچا بىلەن 60 پاي ئوقنى ئالدىرىماي ئېتىش كوللېكتىپىدىن چېن شياڭ، ۋاڭ گۈەنجيې، ۋاڭ ياجې (ئۈرۈمچى شەھىرىدىن) 1600 ھالقا؛ كىچىك كالىبىرلىق تاپانچا بىلەن 60 پاي ئوقنى ئالدىرىماي ئېتىشتا چېن شياڭ (ئۈرۈمچى شەھىرىدىن) 548 ھالقا؛ گاز تاپانچا بىلەن 60 پاي ئوق ئېتىش كوللېكتىپىدىن چېن شياڭ، ۋاڭ گۈەنجيې، ۋاڭ ياجيې (ئۈرۈمچى شەھىرىدىن) 1661 ھالقا؛ گاز تاپانچا بىلەن 60 پاي ئوق ئېتىشتا ۋاڭ شياۋكې (نېفىتتىن) 564 ھالقا.

ئاياللار تۈرلىرىدە 1 ـ بولغانلار: كىچىك كالىبىرلىق مىلتىق بىلەن 20 × 3 پاي ئوق ئېتىش كوللېكتىپىدىن گۈەن يۈەنيۈەن، جۇ سۇسەي، سۈن جيىڭ (ئالتايدىن) 1665 ھالقا؛ كىچىك كالىبىرلىق مىلتىق بىلەن 20 × 3 پاي ئوق ئېتىشتا گۈەن يۈەنيۈەن (ئالتايدىن) 568 ھالقا؛ گاز مىلتىق بىلەن 40 پاي ئوق ئېتىش كوللېكتىپىدىن چېن لەن، ۋاڭ دەن، ۋاڭ پىڭ (شىخەنزىدىن) 1105 ھالقا؛ گاز مىلتىق بىلەن 40 پاي ئوق ئېتىشتا گېڭ فاڭ (سانجىدىن) 385 ھالقا؛ گاز تاپانچا بىلەن 40 پاي ئوق ئېتىش كوللېكتىپىدىن نۇرىمانگۈل، مۇھەببەت، شېن رۇڭفاڭ (قەشقەردىن) 1090 ھالقا؛ گاز تاپانچا بىلەن 40 پاي ئوق ئېتىشتا نۇرىمانگۈل (قەشقەردىن) 374 ھالقا؛ كىچىك كالىبىرلىق تاپانچا بىلەن 15 + 15 پاي ئوق ئېتىش كوللېكتىپىدىن شا سيۈەن، ۋاڭ چۈنلى، لى شياۋدۇڭ (سانجىدىن) 827 ھالقا؛ تاپانچا بىلەن 15 + 15 پاي ئوق ئېتىشتا لىن جۈەن (نېفىتتىن) 281 ھالقا.

12. ئوقيا ئېتىش ئىلى 216 نومۇر، قەشقەر 174 نومۇر، ئاقسۇ 153 نومۇر بىلەن كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇردا ئالدىنقى 3 ـ لىككىچە ئېرىشتى.

ئەرلەر تۈرلىرىدە 1 ـ بولغانلار: 70 مېتىرغا 2 قېتىم ئېتىشتا ياڭ جيەن (ئاقسۇدىن) 585 ھالقا؛ 50 مېتىرغا 2 قېتىم ئېتىشتا شۆ خەيفېڭ (ئىلىدىن) 595 ھالقا؛ 40 مېتىرغا 2 قېتىم ئېتىشتا ياڭ جيەن (ئاقسۇدىن) 638 ھالقا؛ 30 مېتىرغا 2 قېتىم ئېتىشتا ياڭ جيەن (ئاقسۇدىن) 667 ھالقا؛ ئومۇمىي ماھارەت كۆرسىتىش بويىچە ياڭ جيەن (ئاقسۇدىن) 2483 ھالقا؛ 2 قېتىم ئېتىش كوللېكتىپىدىن شۆ خەيفېڭ، يىن لۇڭلۇڭ، جۈن جۇاڭ (ئىلىدىن) 7180 ھالقا.

ئاياللار تۈرلىرىدە 1 ـ بولغانلار: 60 مېتىرغا 2 قېتىم ئېتىشتا گۈلجامال (قەشقەردىن) 641 ھالقا؛ 50 مېتىرغا 2 قېتىم ئېتىشتا گۈلجامال (قەشقەردىن) 602 ھالقا؛ 40 مېتىرغا 2 قېتىم ئېتىشتا گۈلجامال (قەشقەردىن) 647 ھالقا؛ 30 مېتىرغا 2 قېتىم ئېتىشتا گۈلجامال (قەشقەردىن) 675 ھالقا؛ ئومۇمىي ماھارەت كۆرسىتىش بويىچە گۈلجامال (قەشقەردىن) 2565 ھالقا؛ 2 قېتىم ئېتىش كوللېكتىپىدىن ۋۇ ۋېنجۈەن، خەن تىڭتىڭ، گو جاۋلى (نېفىتتىن) 6806 ھالقا.

## كەسپىي سىستېمىلار گۇرۇپپىسى

1. يېنىك ئاتلېتىكا تۆمۈريول 546 نومۇر، نېفىتلىك 522 نومۇر، مائارىپ كومىتېتى 275 نومۇر بىلەن كوللېكتىپ ئالدىنقى 3 ـ لىككىچە ئېرىشتى.

ئەرلەر تۈرلىرىدە 1 - بولغانلار: 100 مېتىرغا يۈگۈرۈشتە جۇ پىلاق (ماتارىپ كومىتېتىدىن) 11"1؛ 200 مېتىرغا يۈگۈرۈشتە تەن خۇي (تۆمۈريولدىن) 22"7؛ 400 مېتىرغا يۈگۈرۈشتە لىمىنجان (تۆمۈريولدىن) 50"5؛ 800 مېتىرغا يۈگۈرۈشتە ئەي زۇپىلاق (ئاۋئاتسىيىدىن) 1'59"1؛ 1500 مېتىرغا يۈگۈرۈشتە ئەي زۇپىلاق (ئاۋئاتسىيىدىن) 4'16"3؛ 5000 مېتىرغا يۈگۈرۈشتە ماكوچىلاق (تۆمۈريولدىن) 26'53"4؛ 110 مېتىرغا توسالغۇلۇق ئاتلاپ يۈگۈرۈشتە يالاڭ ۋېي (نېفىتتىن) 15"3؛ 100 × 4 مېتىرغا كۆچ ئۇلاپ يۈگۈرۈشتە خاۋ شىنگاڭ، خۇاڭ ۋېي، تاڭ كېجيەن، تەن خۇي (تۆمۈريولدىن) 43"9؛ 400 × 4 مېتىرغا كۆچ ئۇلاپ يۈگۈرۈشتە خاۋ شىنگاڭ، خۇاڭ ۋېي، لىمىنجان، تەن خۇي (تۆمۈريولدىن) 3'27"4؛ ئېگىزلىككە سەكرەشتە ۋۇ شياۋخۇي (پوچتا - تېلېگرافتىن) 2.14 مېتىر؛ يىراققا سەكرەشتە تاڭ كېجيەن (تۆمۈريولدىن) 6.84 مېتىر؛ چويۈن توپ ئېتىشتا يۈجۈن (ئاۋئاتسىيىدىن) 14.83 مېتىر؛ دىسكا ئېتىشتا جاڭ خەيبىن (ماتارىپ كومىتېتىدىن) 41.9 مېتىر؛ نەيزە ئېتىشتا ئابلىز (ئالدىنقى قاراۋۇلخانىدىن) 57.62 مېتىر؛ كىنگورۇچە سەكرەشتە لاڭ چيالاڭ (نېفىتتىن) 11"2، تاش يۆتكەپ دەريادىن ئۆتۈشتە لۇ چيالاڭ (نېفىتتىن) 57"6.

ئاياللار تۈرلىرىدە 1 - بولغانلار: 100 مېتىرغا يۈگۈرۈشتە سۇن جىخۇي (تۆمۈريولدىن) 11"7؛ 200 مېتىرغا يۈگۈرۈشتە سۇن جىخۇي (تۆمۈريولدىن) 24"7؛ 400 مېتىرغا يۈگۈرۈشتە ليۇ گوخۇا (تۆمۈريولدىن) 58"5؛ 800 مېتىرغا يۈگۈرۈشتە جاڭ شۇلىڭ (نېفىتتىن) 2'19"6؛ 1500 مېتىرغا يۈگۈرۈشتە ماگۈيلى (تۆمۈريولدىن) 4'49"8؛ 3000 مېتىرغا يۈگۈرۈشتە ماگۈيلى (تۆمۈريولدىن) 10'53"1؛ 100 مېتىرغا توسالغۇلۇق ئاتلاپ يۈگۈرۈشتە خەن يۇ (ماتارىپ كومىتېتىدىن) 14"6؛ 100 × 4 مېتىرغا كۆچ ئۇلاپ يۈگۈرۈشتە ليۇ گوخۇا، ليۇ خۇيفاڭ، ۋۇ خۇڭبې، سۇن جىخۇي (تۆمۈريولدىن) 49"4؛ 400 × 4 مېتىرغا كۆچ ئۇلاپ يۈگۈرۈشتە ليۇ گوخۇا، سۇلاڭ خۇيفاڭ، ۋۇ خۇڭبې، سۇن جىخۇي (تۆمۈريولدىن) 4'03"؛ ئېگىزلىككە سەكرەشتە شۇ يەنشيا (بىڭتۇەندىن) 1.66 مېتىر؛ يىراققا سەكرەشتە جاڭ جيەنۋېي (ئالدىنقى قاراۋۇلخانىدىن) 5.50 مېتىر؛ چويۈن توپ ئېتىشتا لى شياۋلىڭ (ئالدىنقى قاراۋۇلخانىدىن) 13.16 مېتىر؛ دىسكا ئېتىشتا لى شياۋلىڭ (ئالدىنقى قاراۋۇلخانىدىن) 42.2 مېتىر؛ نەيزە ئېتىشتا چى يۈەن (تۆمۈريولدىن) 38.56 مېتىر؛ كىنگورۇچە سەكرەشتە جاڭ شاۋچىن (نېفىتتىن) 14"1؛ تاش يۆتكەپ دەريادىن ئۆتۈشتە مېي يۈڭخۇاڭ (نېفىتتىن) 1'06"0.

كوللېكتىپ تۈرلەردە 1 - بولغانلار: «قېرىنداشلىق مېھرى» تۈرىدە ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى 14"5؛ «مەدەنىيەت ئېلىنىشى» تۈرىدە تۆمۈريول 1 - كوماندىسى 7"7؛ «دەۋر پويىزى» تۈرىدە ماتارىپ كومىتېتى 18"2؛ «تەكشى قەدەمدە ئىلگىرىلەش» تۈرىدە ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى 1 - كوماندىسى 10"5.

2. ۋاسكېتبول  دۆلەت بىخەتەرلىكى 43 نومۇر، پوچتا - تېلېگراف 37 نومۇر، تۆنخې 31 نومۇر بىلەن ئەرلەر كوماندىسى بويىچە ئالدىنقى 3 - لىككىچە ئېرىشتى؛ پوچتا - تېلېگراف 43 نومۇر، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك بانكىسى 37 نومۇر، ئورمانچىلىق 31 نومۇر بىلەن ئاياللار كوماندىسى بويىچە ئالدىنقى 3 - لىككىچە ئېرىشتى.

3. تىكتاكتوپ  نېفىت 180 نومۇر، تۆمۈريول 94 نومۇر، پوچتا - تېلېگراف 84 نومۇر بىلەن كوللېكتىپ بويىچە ئالدىنقى 3 - لىككىچە ئېرىشتى.

ئەرلەر تۈرلىرىدە 1 - بولغانلار: كوللېكتىپ ئويناشتا (تۆمۈريول)؛ يەككە ئويناشتا تۇرغۇن (تۆمۈريولدىن)؛ جۈپ ئويناشتا تۇرغۇن، تۇرسۇنجان (تۆمۈريولدىن)؛ ياشانغانلار گۇرۇپپىسى: يەككە ئويناشتا ۋاڭ شۈيى (قاتناشتىن)؛ جۈپ ئويناشتا خۇ جۇڭجيې، ۋاڭ مىنگۇن (نېفىتتىن).

ئاياللار تۈرلىرىدە 1 - بولغانلار: كوللېكتىپ ئويناشتا (پوچتا - تېلېگراف)؛ يەككە ئويناشتا نيې جياڭفېن (پوچتا - تېلېگرافتىن)؛ جۈپ ئويناشتا ساۋ يەنشيا، نيې جياڭفېن (پوچتا - تېلېگرافتىن). ياشانغانلار گۇرۇپپىسى: يەككە ئويناشتا نيې شىئۈي (نېفىتتىن)؛ جۈپ ئويناشتا ۋاڭ گويلىڭ، نيې شىئۈي (نېفىتتىن).

4. پەي توپ  تۆمۈريول 192 نومۇر، نېفىت 150 نومۇر، خەلق ئاۋئاتسىيىسى 28 نومۇر بىلەن كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇردا ئالدىنقى 3 - لىككىچە ئېرىشتى.

ئەرلەر تۈرلىرىدە 1 - بولغانلار: 1) ياشانغانلار گۇرۇپپىسى: يەككە ئويناشتا ليۇ خۇزۇ (تۆمۈريولدىن)؛ جۈپ ئويناشتا لېي تىڭبى، خەن فۇشىياڭ (نېفىتتىن). 2) چوڭلار گۇرۇپپىسى: كوللېكتىپ ئويناشتا (تۆمۈريول)؛ يەككە ئويناشتا لى ۋېي (تۆمۈريولدىن)؛ جۈپ ئويناشتا خەن ۋېنىلىڭ، ۋاڭ خۇڭۋېي (تۆمۈريولدىن).

ئاياللار تۈرلىرىدە 1 - بولغانلار: 1) ياشانغانلار گۇرۇپپىسى؛ يەككە ئويناشتا ۋاڭ شۇچىن (تۆمۈريولدىن)؛ جۈپ ئويناشتا ۋاڭ شۇچىن، جىن يۈشياڭ (تۆمۈريولدىن). 2) ئىشچى - خىزمەتچىلەر گۇرۇپپىسىدىن: كوللېكتىپ ئويناشتا (نېفىت)؛ يەككە ئويناشتا پىڭ يەن (نېفىتتىن)؛ جۈپ ئويناشتا پىڭ يەن، گاۋ يۈلى (نېفىتتىن).

5. سۇ ئۈزۈش  تۆمۈريول 386 نومۇر، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى 249 نومۇر، نېفىت 112 نومۇر بىلەن

كوللېكتىپ ئالدىنقى 3 - لىككىچە ئېرىشتى.

ئەرلەر تۈرلىرىدە 1 - لىككە ئېرىشكەنلەر: 50 مېتىرغا ئەركىن ئۈزۈشتە جاڭ يالۇڭ (تۆمۈريولدىن) 27"52؛ 100 مېتىرغا ئەركىن ئۈزۈشتە جاڭ يالۇڭ (تۆمۈريولدىن) 1'00"44؛ 200 مېتىرغا ئەركىن ئۈزۈشتە جاڭ يالۇڭ (تۆمۈريولدىن) 2'17"36؛ 50 مېتىرغا ئوڭدىسىغا ئۈزۈشتە ۋاڭ خۇيجۇن (تۆمۈريولدىن) 31"45؛ 50 مېتىرغا پاقىچىلاپ ئۈزۈشتە ۋاڭ خۇيجۇن (تۆمۈريولدىن) 36"21؛ 100 مېتىرغا پاقىچىلاپ ئۈزۈشتە ۋاڭ خۇيجۇن (تۆمۈريولدىن) 1'21"04؛ 50 × 4 مېتىرغا كۈچ ئۇلاپ ئەركىن ئۈزۈشتە تۆمۈريول 1 - كوماندىسى 1'55"52.

ئاياللار تۈرلىرىدە 1 - بولغانلار: 50 مېتىرغا ئەركىن ئۈزۈشتە شۇ ياچيالڭ (تۆمۈريولدىن) 31"16؛ 100 مېتىرغا ئەركىن ئۈزۈشتە شۇ ياچيالڭ (تۆمۈريولدىن) 1'10"18؛ 200 مېتىرغا ئەركىن ئۈزۈشتە شۇ ياچيالڭ (تۆمۈريولدىن) 2'40"22؛ 50 مېتىرغا ئوڭدىسىغا ئۈزۈشتە ساۋ خۇمىن (تۆمۈريولدىن) 39"16؛ 50 مېتىرغا پاقىچىلاپ ئۈزۈشتە يەن نەننەن (نېفىتتىن) 43"50؛ 100 مېتىرغا پاقىچىلاپ ئۈزۈشتە يەن نەننەن (نېفىتتىن) 1'36"02؛ 50 × 4 مېتىرغا كۈچ ئۇلاپ ئەركىن ئۈزۈشتە تۆمۈريول 1 - كوماندىسى 2'16"67.

كوللېكتىپ تۈرلەردە 1 - بولغانلار: 50 × 2 مېتىرغا ئائىلىنىۋا كۈچ ئۇلاپ يۈگۈرۈشتە تۆمۈريول 2 - كوماندىسى 1'50"64؛ 50 × 4 مېتىرغا توساقتىن ئۆتۈپ كۈچ ئۇلاپ يۈگۈرۈشتە تۆمۈريول 1 - كوماندىسى 2'15"13.

6. گۈزەللىك گىمناستىكىسى تۆمۈريول 77 نومۇر، مائارىپ كومىتېتى 49 نومۇر، نېفىت 28 نومۇر بىلەن كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇردا ئالدىنقى 3 - لىككىچە ئېرىشتى.

يەككە تۈرلەردە 1 - بولغانلار: ئەرلەرنىڭ يەككە ئويۇنىشى بويىچە ۋېي بىن (مائارىپ كومىتېتىدىن) 11.85 نومۇر؛ ئاياللارنىڭ يەككە ئويۇنىشى بويىچە چېن چاۋ (تۆمۈريولدىن) 11.10 نومۇر؛ ئارىلاشما جۈپ ئويۇناشتا چېن شياۋجې، كۇاڭ مىڭلىيالڭ (مائارىپ كومىتېتىدىن) 11.6 نومۇر؛ 3 كىشىلىك ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىدە چېن جىڭچى، رېن شۈۋۋ، خۇبىن (تۆمۈريولدىن) 11.15 نومۇر؛ 6 كىشىلىك ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىدە مائارىپ كومىتېتى كوماندىسى 11.00 نومۇر.

7. چويلا توپ تۆمۈريول 210 نومۇر، نېفىت 128 نومۇر، بىڭتۇەن 47 نومۇر بىلەن كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇردا ئالدىنقى 3 - لىككىچە ئېرىشتى.

ئەرلەر تۈرلىرىدە 1 - بولغانلار: كوللېكتىپ ئويۇناشتا (نېفىت)؛ يەككە ئويۇناشتا ۋۇ يۇڭجۇڭ (نېفىتتىن)؛ جۈپ ئويۇناشتا ۋۇ يۇڭجۇڭ، گۇەن يۇ (نېفىتتىن)؛ ياشانغانلار گۇرۇپپىسىدىن: يەككە ئويۇناشتا ۋاڭ شياۋسى (تۆمۈريولدىن)؛ ياشانغانلار گۇرۇپپىسىدىن: جۈپ ئويۇناشتا يەن شىن، لى جىشىڭ (نېفىتتىن).

ئاياللار تۈرلىرىدە 1 - بولغانلار: كوللېكتىپ ئويۇناشتا (تۆمۈريول)؛ يەككە ئويۇناشتا يەن يىلىڭ (تۆمۈريولدىن)؛ جۈپ ئويۇناشتا ياڭ لىپى، لىياڭ چىڭ (نېفىتتىن)؛ ياشانغانلار گۇرۇپپىسىدىن: يەككە ئويۇناشتا يۈجۈەنشيالڭ (تۆمۈريولدىن)؛ ياشانغانلار گۇرۇپپىسىدىن: جۈپ ئويۇناشتا يۈ چۈەنشيالڭ، جاۋ شۇنخۇا (تۆمۈريولدىن).

8. شاھمات (نېفىت) كوللېكتىپ 1 -؛ شۈ ۋېنچيالڭ (نېفىتتىن) شەخسلەر بويىچە 1 - بولدى.

9. خەلقئارا شاھمات (قاتناش) كوللېكتىپ 1 -؛ ئابلىمىت (قاتناشتىن) شەخسلەر بويىچە 1 - بولدى.

10. قورشاۋ شاھمات (بىڭتۇەن) كوللېكتىپ 1 -؛ ۋاڭ دۇڭمىڭ (بىڭتۇەندىن) شەخسلەر بويىچە 1 - بولدى.

11. بىرىدژ (تۆمۈريول) كوللېكتىپ 1 -؛ خۇاڭ جىبىڭ، چيەن جيەندۇڭ (تۆمۈريولدىن) شەخسلەر بويىچە 1 - بولدى.

شاھمات، قورشاۋ شاھمات، خەلقئارا شاھمات، بىرىدژدا تۆمۈريول 59 نومۇر، قاتناش 48 نومۇر، بىڭتۇەن 39 نومۇر بىلەن ئومۇمىي نومۇردا ئالدىنقى 3 - لىككىچە ئېرىشتى.

12. ۋاراتا توپ نېفىت 22 نومۇر، تۆمۈريول 18 نومۇر، رەڭلىك مېتال 14 نومۇر بىلەن كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇردا ئالدىنقى 3 - لىككىچە ئېرىشتى.

13. مارافونچە كۈچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش تۆمۈريول 39 نومۇر، نېفىت 33 نومۇر، پوچتا - تېلېگراف 27 نومۇر بىلەن كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇردا ئالدىنقى 3 - لىككىچە ئېرىشتى؛ تۆمۈريول 2:45'28" لىق نەتىجە بىلەن يەككە تۈردە 1 - بولدى.

يۈ جىنخۇا

## ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يىنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ۋە تاللاش مۇسابىقىسى

بۇ مۇسابىقىنى ش ئۇ ئا ر مائارىپ كومىتېتى بىلەن ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە كومىتېتى بىرلىشىپ 1999 - يىل 5 - ئاينىڭ 29 — 31 - كۈنلىرىگىچە كۈيتۇڭ شەھىرىدە ئۆتكۈزدى. ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن تەشكىللەنگەن 15 كوماندا ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن تەشكىللەنگەن 12 كوماندىدىكى ئاز كەم 600 تەنھەرىكەتچى 100 مۇسابىقە تۈرىگە قاتناشتى. شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى كوماندىسى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى

كوللېكتىپى بويىچە چېمپىيون؛ شىخەنزە كوماندىسى، ئالتاي كوماندىسى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوغۇل - قىز ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ «A» گۇرۇپپىسى بويىچە كوللېكتىپ چېمپىيون؛ كۈيتۇڭ كوماندىسى ئوغۇل - قىزلارنىڭ «B» گۇرۇپپىسى بويىچە كوللېكتىپ 2 قېتىم چېمپىيون بولدى. 12 ئادەم 11 تۈردە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى يېنىك ئاتلېتىكا رېكورتىنى 13 قېتىم بۇزۇپ تاشلىدى. بۇ قېتىمقى مۇسابىقە 1999 - يىللىق مەملىكەتلىك ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسى ۋە 2000 - يىللىق مەملىكەتلىك ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە تەنھەرىكەتچى تاللاش ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلدى.

خۇ خۇا

## ئاپتونوم رايونلۇق 2 - نۆۋەتلىك مېيىپلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى

بۇ مۇسابىقىنى ش ئۇ ئا ر مېيىپلار بىرلەشمىسى، ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر خەلق ئىشلىرى نازارىتى مەسئۇل بولۇپ، 1999 - يىل 10 - ئاينىڭ 5 — 8 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر پوچتا - تېلېگراف مەكتىپىنىڭ تەنتەربىيە سارىيىدا ئۆتكۈزدى. 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىن كەلگەن 92 گاس - گاچا، ئەما، قول - پۇتى مېيىپ تەنھەرىكەتچى يېنىك ئاتلېتىكا، تىكتاك توپ، ئېغىرلىق كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت 3 چوڭ تۈر، 40 نەچچە كىچىك تۈر بويىچە مۇسابىقىگە قاتناشتى. سانجى ئوبلاستى كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇردا 1 -، ئىلى ئوبلاستى 2 -، قىزىلسۇ ئوبلاستى 3 - بولدى. 4 كوماندا تەنتەربىيە ئەخلاق - پەزىلىتى مۇكاپاتىغا، 3 كوماندا مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتىغا، 14 تەنھەرىكەتچى، 5 رېپىر مەنىۋى - مەدەنىيلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

چىڭ جۇزى، جىن خۇا

## 99' ئۈرۈمچى «يېزا ئىگىلىك بانكىسى لوڭقىسى» مەملىكەتلىك مارافونچە يۈگۈرۈش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى ۋە خەلقئارالىق مارافونچە يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى

بۇ مۇسابىقىنى دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسى يېنىك ئاتلېتىكا ھەرىكىتىنى باشقۇرۇش مەركىزى بىلەن جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ مەبلەغ تەشكىللەش بۆلۈمى مەسئۇل بولۇپ، ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە كومىتېتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى ۋە بىڭتۇەن شۆبىسى ئۈستىگە ئېلىپ، 1999 - يىل 5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزدى. مۇسابىقىگە قىرغىزىستان، ئالدىنقى قاراۋۇل تەنتەربىيە جەمئىيىتى، جىلىن، چىڭخەي، بېيجىڭ فېيجۇ، خېبېي، ئازادلىق ئارمىيە، خېيلوڭجياڭ، جياڭسۇ، پاراۋوز تەنتەربىيە جەمئىيىتى، گەنسۇ «چاڭپاۋ» تاغقا چىقىش چوڭ ئەترىتى، يۈننەن كۈنمىڭ پاپىروس زاۋۇتى كوماندىسى، چۇڭچىڭ، شەندۇڭ، شاڭخەي، شىزاڭ، شىنجاڭدىن ئىبارەت 17 كوماندىدىكى 56 تەنھەرىكەتچى ۋە 3000 دىن ئارتۇق ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىسى، مارافونچە يۈگۈرۈش ھەرىكىتى ھەۋەسكارلىرى قاتناشتى. مۇسابىقىدە چاڭجياڭ يولى، دوستلۇق يولى، بېيجىڭ يولى، خەلق يولى قاتارلىق كوچىلار بېسىپ ئۆتىلدى. مۇساپىسى 42.195 كىلومېتىر. جۇ رۇڭخۇا خەلقئارالىق مارافونچە يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى ۋە مەملىكەتلىك مارافونچە يۈگۈرۈش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىدا چېمپىيون بولدى. سۈن يىڭجيې مەملىكەتلىك مارافونچە يۈگۈرۈش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىدە ئاياللار كوماندىسى بويىچە چېمپىيون بولدى. بۇ مۇسابىقە — شىنجاڭ تارىخىدىن بۇيانقى يۇقىرى ئۆلچەملىك، يۇقىرى سەۋىيىلىك يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسى، شۇنداقلا خەلقئارالىق مارافونچە يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇنجى قېتىم ئۆتكۈزۈلۈشى.

شياۋ يۈ

## غەربىي شىمالدىكى 5 ئۆلكە ھەمكارلىق رايونىنىڭ چېلىشىش مۇسابىقىسى ۋە خەلقئارالىق چېلىشىش تەكلىپ مۇسابىقىسى

بۇ مۇسابىقىنى ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە كومىتېتى باشچىلىق قىلىپ، شىنجاڭ چېلىشچىلار جەمئىيىتى، شىنجاڭ چېلىشىش، رۇداۋچە چېلىشىش ھەرىكەتلىرىنى باشقۇرۇش مەركىزى مەسئۇل بولۇپ، شىنجاڭ «كاڭۋېي» تېخنىكا چەكلىك شىركىتى، ئۈرۈمچى «يىياڭتاڭ» ساغلاملىق بۇيۇملىرى چەكلىك شىركىتى ھەمكارلىشىپ 1999 - يىل 7 - ئاينىڭ 14 — 17 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى نەنمىن تەنتەربىيە سارىيىدا ئۆتكۈزدى. شەنشى، گەنسۇ، چىڭخەي، شىنجاڭ، شىئەن، لەنجۇ، گۇاڭدۇڭ، خېنەن، جىلىن، ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى كوماندىسى قاتارلىق 12 كوماندىدىكى 100 نەچچە تەنھەرىكەتچى قەدىمچە چېلىشىش ۋە ئەركىن چېلىشىش بويىچە 2 چوڭ تۈرگە، دەرىجە ئايرىمى بويىچە 10 تۈرگە قاتناشتى. شىنجاڭ 1 - كوماندىسى كوللېكتىپ 1 -، گەنسۇ كوماندىسى كوللېكتىپ 2 -، شەنشى كوماندىسى كوللېكتىپ 3 - بولدى. شىنجاڭ تەنھەرىكەتچىلىرى 3 ئالتۇن مېدال، 3 كۈمۈش مېدال ئالدى. 2 كوماندا، 10 تەنھەرىكەتچى، 2 رېپىر تەنتەربىيە ئەخلاق - پەزىلىتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

جىن خۇا

## ’99 كوكاكولا 21 - U مەملىكەتلىك ياشلار پۇتبول بىرلەشمە مۇسابىقىسى (شىنجاڭ مۇسابىقە رايونى)

بۇ مۇسابىقە جۇڭگو پۇتبول جەمئىيىتىنىڭ باشچىلىق قىلىشى، شىنجاڭ پۇتبول جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇل بولۇشى، شىنجاڭ «شىنلىيەن» كەسپىي تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «خۇڭفۇ» رېستورانى، شىنجاڭ «جۇڭخۇا» رېستورانىنىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن 1999 - يىل 7 - ئاينىڭ 17 — 27 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭچىڭ خۇگيەن، يۈننەن خۇڭتا، خېبېي بەيشىكەيلى، چېڭدۇ ۋۇنيۇ، سىچۇەن چۇەنشىن، «1 - ئاۋغۇست»، شەنشى گولى، شىنجاڭ ئۈمىد كوماندىسى قاتارلىق 8 ياشلار كوماندىسىدىن 201 تەنھەرىكەتچى 28 مەيدان ئېلىشتى. شىنجاڭ ئۈمىد كوماندىسى 7 مەيدان مۇسابىقىدە 5 قېتىم يېڭىپ، بىر قېتىم تەڭلىشىپ، بىر قېتىم يېڭىلىپ 2 - بولدى. «1 - ئاۋغۇست» كوماندىسى 1 - بولدى. ئۇلار يەنىيەن، ۋۇخەن، جىجياڭ مۇسابىقە رايونلىرىدىكى ئالدىنقى 2 - لىككىچە ئېرىشكەنلەر بىلەن 8 كۈچلۈك كوماندا قاتارىدا ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىگە چۈشتى. بۇ شىنجاڭ مەسئۇل بولۇپ ئۇيۇشتۇرغان، كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولغان مەملىكەتلىك پۇتبول مۇسابىقىسى.

يۇ جىنخۇا

## ’99 مەملىكەتلىك قارىغا ئېتىش سىستېما مۇسابىقىسى (1 - بېكەت) غەربىي شىمال ھەمكارلىق رايونى قارىغا ئېتىش مۇسابىقىسى

بۇ مۇسابىقىنى دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسى باش بولۇپ، ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە كومىتېتى مەسئۇل بولۇپ 1999 - يىل 4 - ئاينىڭ 24 — 26 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى ئۈچ تاش قارىغا ئېتىش مەيدانىدا ئۆتكۈزدى. شەنشى، گەنسۇ، چىڭخەي، نىڭشيا، شىئەن، لەنجۇ، شىنجاڭ، ئۈرۈمچى، لەنجۇ ھەربىي رايونى، پاراۋوز تەنتەربىيە جەمئىيىتى، يەنئەن كوماندىسىدىن ئىبارەت 11 كوماندىدىكى 157 تەنھەرىكەتچى تاپانچا ئېتىش، مىلتىق ئېتىش، ھەرىكەتچان قارىغا ئېتىشتىن ئىبارەت 3 چوڭ تۈر، 22 كىچىك تۈرگە قاتناشتى. لەنجۇ ھەربىي رايونى مىلتىق ئېتىش، ھەرىكەتچان قارىغا ئېتىش تۈرىدە كوللېكتىپ 1 -؛ شەنشى كوماندىسى تاپانچا ئېتىش تۈرىدە كوللېكتىپ 1 - بولدى. شىنجاڭ كوماندىسى 10 تۈردە ئالدىنقى 3 - لىككىچە ئېرىشتى. 2 كوماندا، 12 تەنھەرىكەتچى، 6 رېپىر تەنتەربىيە ئەخلاق - پەزىلىتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

شياۋ يۇ

## ’99 «يۈسۈپ ئىمىن لوڭقىسى» خەلقئارالىق پۇتبول تەكلىپ مۇسابىقىسى

بۇ مۇسابىقىنى ش ئۇ ئا ر پۇتبول جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇردى، يەككە تىجارەتچى يۈسۈپ ئىمىن 60 مىڭ يۈەن مەبلەغ چىقىرىپ 1999 - يىل 10 - ئاينىڭ 20 — 23 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى نەنمىن تەنتەربىيە مەيدانىدا ئۆتكۈزدى. مۇسابىقىگە قازاقىستاننىڭ «يارى» كوماندىسى، شىنجاڭ توختى «ئۈمىد» كوماندىسى ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك 14 - ئوتتۇرا مەكتەپ كوماندىسى قاتناشتى. يۈسۈپ ئىمىن 1998 - يىل 7 - ئايدا 130 مىڭ يۈەن مەبلەغ چىقىرىپ پۇتبول مۇسابىقىسى ئۆتكۈزگەنىدى.

خۇ خۇا

## تۇنجى كەسپىي ۋاسكېتبول كۇلۇبى قۇرۇلدى

بۇ كۇلۇبنى ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە كومىتېتى باش بولۇپ، شىنجاڭ «گۇاڭخۇي» كارخانا گۇرۇھى 3 مىليون يۈەن مەبلەغ چىقىرىپ 1999 - يىل 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى قۇردى. تولۇق نامى شىنجاڭ گۇاڭخۇي ئەرلەر ۋاسكېتبول كۇلۇبى، كۇلۇبنىڭ مۇدىرىيىتى جيا دېمىن، خۇ ۋېي، شياڭ جىچياڭ، فاڭ مىن، ساۋ شىنىندىن تەشكىل تاپتى، 14 تەنھەرىكەتچىسى بار. چېن داۋخۇڭ ترېنېرلىققا تەكلىپ قىلىندى، بۇ كۇلۇب 2000 - يىللىق مەملىكەتلىك ۋاسكېتبول «A» دەرىجىلىكلەر بىرلەشمە مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش ئۈچۈن، پۈتۈن كۈچ بىلەن مەملىكەتلىك «B» دەرىجىلىكلەرگە ھۇجۇم قوزغاش تەقلىدىي مۇسابىقىسىگە قاتناشتۇرۇلماقچى. بۇ ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى كەسپىي ۋاسكېتبول كۇلۇبى. بۇ كۇلۇبنىڭ قۇرۇلۇشى شىنجاڭنىڭ ماھارەت تەنتەربىيىسىنىڭ كەسپىلىشىش يولىغا قاراپ يۈكسەك قەدەم باسقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

جىن خۇا

## مۇز تاغ چوققىسىغا چىقىش ھەرىكىتى

بۇ پائالىيەتنى شىنجاڭ تاغقا چىقىش جەمئىيىتى تاغقا چىقىشنى باشقۇرۇش مەركىزىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، ئۈرۈمچى شەھەرلىك تاغقا چىقىش ئېكسپېدىتسىيىسى جەمئىيىتى مەسئۇل بولۇپ، 1999 - يىلى ئۆتكۈزدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك «سەيلۇڭ» تاغقا چىقىش كوماندىسى، شىنجاڭ ماناگەت ئىنستىتۇتى تاغقا چىقىش كوماندىسى ۋە جۇڭگو پەن - تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، بېيجىڭ جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى كوماندىسىدىن 14 نەپەر ئىشتىن سىرتقى تەنھەرىكەتچى مۇسابىقىگە قاتناشتى. مۇسابىقە 7 - ئاينىڭ باشلىرى باشلىنىپ 25 كۈندىن كېيىن ئاياغلاشتى. شىنجاڭ كوماندىسىنىڭ ئەزاسى ياڭ لىجى، ۋاڭ تيېنەن، خېيەن كوماندىسىنىڭ ئەزاسى چېن جۈنچى، شياڭگاڭ كوماندىسىدىن ياۋ ۋېيلۇن، بېيجىڭ كوماندىسىدىن ما يىخۇا دېڭىز يۈزىدىن

7546 مېتىر ئېگىز بولغان مۇز تاغ چوققىسىغا غەلىبىلىك چىقتى، ئۇنىڭدىن باشقا 9 تەنھەرىكەتچى 7300 مېتىر ئېگىزلىككە يامىشىپ چىقتى.

شياۋ يۈ

## ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈش

ئاپتونوم رايون بويىچە 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە مەكتىپى 76، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر دەرىجىلىك ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى 16، يەككە تۈر بويىچە مەشىق بازىسى 6 (يېنىك ئاتلېتىكا بازىسى 2، چېلىشىش بازىسى 2، تېز مۇز تېيىلىش بازىسى 2)، دائىملىق تەربىيىلىنىۋاتقان ياش - ئۆسمۈر تەنھەرىكەتچى 10 مىڭ 380.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى بىر ماھارەت تەنتەربىيە مەكتىپى بىلەن 5 تەنتەربىيە مەكتىپى 675 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ماھارەت تەنتەربىيە مەكتىپى قوبۇل قىلغىنى 310، ئۈرۈمچى شەھەرلىك تەنتەربىيە مەكتىپى قوبۇل قىلغىنى 80، قەشقەر تەنتەربىيە مەكتىپى قوبۇل قىلغىنى 80، ئاقسۇ تەنتەربىيە مەكتىپى قوبۇل قىلغىنى 90، ئىلى تەنتەربىيە مەكتىپى قوبۇل قىلغىنى 75، سانجى تەنتەربىيە مەكتىپى قوبۇل قىلغىنى 40. يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان مىللىي ئوقۇغۇچى %63نى ئىگىلەيدۇ. مەلۇماتقا قارىغاندا بىر يىلدا ئاپتونوم رايون بويىچە 1887 ئوغۇل - قىز تەنھەرىكەتچى ئۆسمۈرلەر گۇرۇپپىسى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 12 تۈرلۈك مۇسابىقىگە قاتناشقان، بۇنىڭ ئىچىدە تەنتەربىيە مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇغۇچىسى 560. ماھارەت تەنتەربىيە مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى جاڭ ۋېي مەملىكەتلىك تەنتەربىيە مەكتەپلىرى يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسىدا 1.70 مېتىرلىق نەتىجە بىلەن قىزلارنىڭ ئېگىزلىككە سەكرەش تۈرىدە 2 - بولدى. ئاپتونوم رايوندىكى 669 تەنھەرىكەتچى، ترېنېر لاياقەتلىك دەپ ئەنگە ئېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆسمۈر تەنھەرىكەتچى تەخمىنەن 440. بىر يىلدا يېنىك ئاتلېتىكا، ۋاسكېتبول، قارىغا ئېتىش، پۇتبول، چېلىشىش قاتارلىق 5 تۈردىن 24 ترېنېر مەملىكەتلىك ترېنېرلارنى ئىش ئورنىدا تەربىيىلەشكە تاللاپ ئەۋەتىلدى؛ 31 كوللېكتىپ، 40 شەخس ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە كومىتېتى تەرىپىدىن تەقدىرلەندى.

فۇ جيەنپىڭ

## مەكتەپ تەنتەربىيىسى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى 4654 مەكتەپتە «دۆلەتلىك تەنتەربىيە چېنىقىش ئۆلچىمى» يولغا قويۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي مەكتەپ 18، ئوتتۇرا تېخنىكوم 89، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكا ئىشچىلار مەكتىپى 61، ئوتتۇرا مەكتەپ 1352، باشلانغۇچ مەكتەپ 3134 بولۇپ، ئاپتونوم رايوندىكى مەكتەپلەرنىڭ %94نى ئىگىلەيدۇ؛ 1 مىليون 683 مىڭ 786 ئادەم سىناشقا قاتنىشىپ، 781 مىڭ 161 ئادەم لاياقەتلىك بولدى، 499 مىڭ 983 ئادەم ياخشى نەتىجىگە، 173 مىڭ 846 ئادەم ئەلا نەتىجىگە ئېرىشتى، ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى %86 بولدى. ش ئۇ ئا ر مائارىپ كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە كومىتېتى بىرلىشىپ 1999 - يىل 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى، ئاز كەم 600 تەنھەرىكەتچى مۇسابىقىگە قاتنىشىپ خېلى ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى.

جاڭ كۈن

## مەھەللىۋى تەنتەربىيە

1995 — 1999 - يىلغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە مەھەللىۋى تەنتەربىيە يېتەكچىسى 2613كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىكى 45، 1 - دەرىجىلىكى 292، 2 - دەرىجىلىكى 884، 3 - دەرىجىلىكى 1392. شەھەر تەنتەربىيىسىدىكى مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىلغار مەھەللە بولۇشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايوندىكى شەھەر مەھەللىلىرى خىلمۇ خىل تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، شەھەرنىڭ تەنتەربىيە - مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ساغلاملىق سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك تەنتەربىيە كومىتېتى 1999 - يىل 5 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە تۇنجى نۆۋەتلىك شەھەر تەنتەربىيىسى بويىچە مەھەللە تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. مۇسابىقىدە قىزىقارلىق ھەرىكەتلەر، خەلقئاراچە شاھمات، جوڭگوچە شاھمات، بولىڭ توپ، بىليارد، تەيجى گۇمپىسى، ئارغامچا تارتىشىش، ساغلاملىق - گۈزەللىك گىمناستىكىسى قاتارلىق 8 تۈر تەسىس قىلىندى. 29 مەھەللە ئىش باشقارمىسىدىن كەلگەن 161 كوماندىدىكى 1623 تەنھەرىكەتچى مۇسابىقىگە قاتناشتى، بۇ ئارقىلىق خېلى ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى.

خەي يەن

## تەنتەربىيە باش ئۇيۇشمىسى

ئاپتونوم رايوندىكى يەككە تۈر تەنتەربىيە جەمئىيەتلىرى 1999 - يىلى 9 قېتىم خەلقئارالىق مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىشنى، 49 قېتىم دۆلەت ئىچىدىكى مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىشنى ئۇيۇشتۇردى، مۇسابىقىدە 15 ئالتۇن مېدال، 10 كۈمۈش مېدال قولغا كەلتۈرۈلدى؛ 31قېتىم ئاپتونوم رايونلۇق مۇسابىقە ئۆتكۈزدى، 47 قېتىم تۈرلۈك كۇرسلارنى ئاچتى، 1 مىليون 500 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم)

ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇشىغا قاتناشتى. ش ئۇ ئا ر قىشلىق سۇ ئۈزۈش جەمئىيىتى ئاۋمېنغا بېرىپ دۆلەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش، ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلگەن سۇ ئۈزۈش مۇسابىقىسىگە قاتناشتى. جۇ يۈخشياڭ G گۇرۇپپىسىنىڭ كېپىنەكچىلەپ ئۈزۈشى بويىچە 6 - بولدى. ش ئۇ ئا ر بولىن توپ جەمئىيىتى مەملىكەتلىك مۇسابىقىلەرگە قاتناشتى، يۈ لى ئەرلەرنىڭ يەككە ئوينىشى بويىچە 4 -، ئومۇمىي ماھارەت كۆرسىتىش بويىچە 5 - بولدى. ش ئۇ ئا ر گۈزەللىك گىمناستىكىسى جەمئىيىتىنىڭ تەنھەرىكەتچىسى نى چياڭ مەملىكەتلىك لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىدە 70 كىلوگراملىقلار بويىچە 6 - بولدى.

ش ئۇ ئا ر كەسپىي تەنتەربىيە جەمئىيىتى مول مەزمۇنلۇق ئاممىۋى تەنھەرىكەت پائالىيەتلىرىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. 1999 - يىلغا قەدەر ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىدا 421 تەنتەربىيە پائالىيىتى ھەۋەسكارلار گۇرۇپپىسى، 216 كىچىك رايون ئەتىگەنلىك كەچلىك مەشىق نۇقتىسى قۇرۇلدى، ئىدارە بويىچە دائىملىق ئۆتكۈزۈلىدىغان تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى 21 تۈرگە يەتتى، كىچىك تىپتىكى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى 3000 قېتىمدىن ئاشتى. تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە ئىزچىل قاتنىشىۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچى %65كە، چېنىقىشقا قاتنىشىۋاتقان ياشانغانلار %75كە، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆلچەمگە يېتىپ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %88.8كە يەتتى.

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ئىشلىرى نازارىتى تارقاتقان «ئىجتىمائىي گۇرۇھلارنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ۋە كىنىشكىسىنى ئالماشتۇرۇش خىزمىتىنى ئېنىقلاش، تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»نىڭ روھىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايوندىكى 40 ئورۇننىڭ تەنتەربىيە جەمئىيەتلىرى ئېنىقلىنىپ تەرتىپكە سېلىندى ۋە كىنىشكىسىنى ئالماشتۇرۇش خىزمىتى تەكشۈرۈلدى. خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ تەكشۈرۈپ قوشۇلۇشى بىلەن 34 تەنتەربىيە جەمئىيىتى ساقلاپ قېلىندى، 6 تەنتەربىيە جەمئىيىتى تىزىملىكتىن ئۆچۈرۈلدى.

پېڭ خېپىڭ

## ياشانغانلار تەنتەربىيىسى

ش ئۇ ئا ر ياشانغانلار تەنتەربىيىسى جەمئىيىتى 1999 - يىلى ۋاراتا توپ، چويلا توپ، ساغلاملىق توپ گىمناستىكىسى، ماجياڭ ئويناش قاتارلىق 13 (قېتىم) تۈر بويىچە مۇسابىقە ئۆتكۈزدى. مۇسابىقىگە 3300 دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى. 10 - ئاينىڭ 5 — 9 - كۈنىگىچە لياۋنىڭنىڭ شېنياڭدا ئۆتكۈزۈلگەن، 29 كوماندا قاتناشقان مەملىكەتلىك چويلا توپ مۇسابىقىسىدا ئاپتونوم رايون كوماندىسى ئەرلەر گۇرۇپپىسى بويىچە 15 - بولدى، پۈتۈن كوماندا تەنتەربىيە ئەخلاق - پەزىلىتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 10 - ئاينىڭ 13 — 17 - كۈنىگىچە خۇبېينىڭ شياڭفەندا ئۆتكۈزۈلگەن، 79 كوماندا قاتناشقان مەملىكەتلىك «ئالتۇن ھالقا لوڭقىسى» ساغلاملىق توپ گىمناستىكىسى مۇسابىقىسىدا ئاپتونوم رايون كوماندىسى كوللېكتىپ ئەلا ياخشى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ 10 - ئاينىڭ 20 — 25 - كۈنىگىچە سەندۇڭنىڭ لياۋچېڭدە ئۆتكۈزۈلگەن، 62 كوماندا قاتناشقان مەملىكەتلىك تەيجى گۇڭپۇسى مۇسابىقىسىدا شىنجاڭ كوماندىسى كوللېكتىپ تەيجى گۇڭپۇسى ئويناشتا، قىلىچۋازلىقتا ۋە يەككىلەر بويىچە تەيجى گۇڭپۇسى ئويناشتا 5 - بولدى؛ 10 - ئاينىڭ 23 — 26 - كۈنىگىچە سىچۈەننىڭ چېڭدۇدا ئۆتكۈزۈلگەن، 45 كوماندا قاتناشقان مەملىكەتلىك ياشانغانلار ۋاراتا توپ مۇسابىقىسىدا ئاپتونوم رايون كوماندىسى 13 - بولدى. ش ئۇ ئا ر ياشانغانلار تەنتەربىيىسى جەمئىيىتىنىڭ 4 - نۆۋەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى 1999 - يىل 6 - ئاينىڭ 9 — 11 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى، يىغىندا ش ئۇ ئا ر ياشانغانلار تەنتەربىيىسى جەمئىيىتىنىڭ 4 - نۆۋەتلىك ھەيئەتلەر يىغىنىنىڭ 64 ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى. ۋاڭ يۈسەن پەخرىي رەئىس، ليۇ زىمۇ رەئىس بولدى.

لى گۇاڭخۇي

## ئومۇمىي خەلق ساغلاملىقى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ئومۇمىي خەلق ساغلاملىقى خىزمىتى يېزا - كەنت، مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىدىن ئىبارەت ئاساسىي قاتلاملارغىچە يۈزلىنىپ، تۈرلۈك پائالىيەتلەر كەڭ قانات يايدۇرۇلدى. تولۇقسىز مەلۇماتقا قارىغاندا، شۇ يىلى 1966 قېتىم، 173 تۈر بويىچە مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلگەن، مۇسابىقىلەرگە 3 مىليون 610 مىڭ ئادەم (قېتىم) قاتناشقان، 1344 قېتىم 8 - يۈرۈش رادىئو گىمناستىكىسى مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلگەن. مۇسابىقىگە 410 مىڭ 823 ئادەم (قېتىم) قاتناشقان، 4814 پارچە تەشۋىقات لوزۇنكىسى ئېسىلغان، 444 مىڭ 402 پارچە تەشۋىقات ماتېرىيالى تارقىتىلغان، 2545 تەشۋىقات گېزىتى چىقىرىلغان، 281 قېتىم ماشىنا بىلەن تەشۋىقات ئېلىپ بېرىلغان. ئاخبارات ساھەسىدە 2857 پارچە (قېتىم) خەۋەر بېرىلگەن. ئاپتونوم رايون بويىچە 34 ئورۇندا ئوتتۇرا ياشلىقلارنىڭ بەدەن ساغلاملىقىنى ئۆلچەپ بېكىتىش پونكىتى قۇرۇلغان، بەدەن ساغلاملىقىنى تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى خادىمدىن 400ى تەربىيىلىنىپ، ئوتتۇرا ياشلىق 67 مىڭ 853 ئادەمنىڭ بەدەن ساغلاملىقى ئۆلچەپ چىقىلغان.

ما شىپىڭ

## ئاۋمىننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن ئومۇمىي خەلق ساغلاملىقى بويىچە بىر يۈرۈش پائالىيەتلەر

ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، بۇ پائالىيەت ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە باش ئۇيۇشمىسىنىڭ باشچىلىق قىلىشى، تەنتەربىيە جەمئىيەتلىرىنىڭ مەسئۇل بولۇشى بىلەن 1999 - يىل 12 - ئاينىڭ 9 - كۈنى باشلاندى. بىر يۈرۈش پائالىيەت ئارغامچا تارتىشىش، چويلا توپ، قىشلىق مۇز ئۈزۈش، بولىن توپ، قورشاۋ شاھمات، شاھمات، چامباشچىلىق، ئەركىن مۇشتلىشىش، برىدژ، تىكتاك توپ، 10 مىڭ كىشىلىك ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش قاتارلىق 14 تۈر بويىچە تەنتەربىيە مۇسابىقىسى ۋە چولڭ تىپتىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ئويۇننى ئۆز ئىچىگە ئالدى. مۇسابىقە ئاز كەم 2 ئاي داۋاملاشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە 20 مىڭ ئادەم مۇسابىقىگە قاتناشتى، تاماشىبىن 100 نەچچە مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى.

جىن خۇا

## تەنتەربىيە لاتارىيە بېلىتى

1999 - يىلى شىنجاڭ تەنتەربىيە لاتارىيە بېلىتى بازىرى ئىزچىل ئېچىلىپ، لاتارىيە بېلىتىنى سېتىش كەسپى ئاپتونوم رايوندىكى 44 ناھىيە (شەھەر) گىچە تارقالدى. 34 مىليون 128 مىڭ يۈەنلىك تەنتەربىيە لاتارىيە بېلىتى سېتىلدى، 10 مىليون يۈەندىن ئارتۇق پاراۋانلىق فوندى (دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسىغا تاپشۇرۇلغان ۋە لاتارىيە بېلىتى ساتقان ناھىيە، شەھەرلەرگە قايتۇرۇلغان پاراۋانلىق فوندىسۇ شۇنىڭ ئىچىدە) توپلىنىپ، ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئاپتونوم رايوندا «ئومۇمىي خەلق ساغلاملىقى پىلانى»نى يولغا قويۇش، ئاپتونوم رايوندىكى مۇنەۋۋەر تەنھەرىكەتچىلەرنى مۇسابىقىلەرگە قاتناشتۇرۇش ۋە قىشلىق مەشىق قىلدۇرۇش ئىشلىرىدىكى خىراجەت قىسلىقىنى تولۇقلىدى.

شىي يابىن

## ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر

1. ئابدۇشۇكۇر مىجىتكە «مەملىكەت بويىچە ئىلغار خىزمەتچى» دەپ نام بېرىلدى.

2. 99' ئومۇمىي خەلق ساغلاملىقى تەشۋىقات ھەپتىلىكى پائالىيىتىدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسى تارقاتقان مۇنەۋۋەر مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسى ئۈرۈمچى شەھەرلىك تەنتەربىيە كومىتېتى، قەشقەر ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتى ۋە سانجى ئوبلاستلىق تەنتەربىيە كومىتېتىغا مۇنەۋۋەر تەشكىللىگۈچى مۇكاپاتى بەردى؛ ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى، شىنجاڭ سىملىق تېلېۋىزىيە تەنتەربىيە بۆلۈمى، خوشۇت ناھىيىلىك تەشۋىقات بۆلۈمىگە مۇنەۋۋەر خەۋەر مۇكاپاتى بەردى؛ تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق تەنتەربىيە كومىتېتى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى ساياھەت مەركىزى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتى، بورتالا شەھىرى ئارالتوقاي چارۋىچىلىق فېرمىسى، بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى كۆكتاغاش يېزىسى، مايتاغ نېفت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى ساۋەن ناھىيىلىك شۆبىسى، ئۈرۈمچى شەھىرىگە بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلار خىزمەت كومىتېتى، تۇرپان شەھىرى مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسى قاتارلىق 10 ئورۇنغا مەملىكەت بويىچە ئىلغار ئورۇن دەپ نام بەردى.

3. 99' ئومۇمىي خەلق ساغلاملىقى تەشۋىقات ئېيى پائالىيىتىدە ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە كومىتېتى ئۈرۈمچى شەھەرلىك مائارىپ كومىتېتى قاتارلىق 28 ئورۇنغا مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتى بەردى؛ ئۈرۈمچى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قاتارلىق 19 ئاخبارات ئورنىغا مۇنەۋۋەر خەۋەر مۇكاپاتى بەردى؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك يېڭىشەھەر رايونى مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسى قاتارلىق 60 ئورۇنغا ئىلغار ئورۇن مۇكاپاتى بەردى.

4. ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر گۇرۇپپىسى ۋە كەسپىي سىستېمىلار گۇرۇپپىسى بويىچە ئالدىنقى 8 - لىككىچە ئېرىشكەن ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىگە 2000 ~ 30 مىڭ يۈەنگىچە مۇكاپات بەردى؛ ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى 11 مۇسابىقە رايونىغا «مۇنەۋۋەر مۇسابىقە رايونى» دەپ نام بەردى.

5. ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە كومىتېتى تەنتەربىيە ئىشلىرى ستاتىستىكىسى خىزمىتىدىكى 6 ئىلغار كوللېكتىپ، 11 ئىلغار شەخسنى تەقدىرلىدى ۋە مۇكاپاتلىدى.

6. ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە كومىتېتى جۇڭگو تەنتەربىيە لاتارىيە بېلىتى سېتىش خىزمىتىدىكى 12 ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسنى تەقدىرلىدى.

يۈ جىنخۇا

# مىللەت

## مىللەتلەر ئىشلىرى

### مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1999-يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى تارماقلىرى كۆپ تەرەپلىمىلىك خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئومۇمييۈزلۈك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

1. مەركەزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ش ئۇ ئا ر پارتكوم (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىغا دوكلات قىلدى، ئەسىر ھالقىغان مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە فاڭجېن - سىياسەتلىرىنى، 2010 - يىلغىچە بولغان مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى خىزمىتىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسىنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇردى، يەتكۈزۈش تېزىسىنى ئاپتونوم رايوندىكى جاي - جايلارغا يەتكۈزۈپ، ھەر مىللەت كادىر ئاممىسىنى ئۆگىنىشكە ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشقا تەشكىللىدى.

2. ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە «ئاپتونوم رايون بويىچە 17 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا پىكىر»نى يوللىدى؛ مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئۈلگە ئورۇن، شەخسلەر ۋەكىللىرى سۆھبەت يىغىنىنى ئاچتى؛ 2 - تۈركۈمدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئۈلگە ۋەكىللەر ئېكىسكۇرسىيە ئۆمىكىنى ئىچكى ئۆلكىلەرنى ئېكىسكۇرسىيە قىلىشقا ۋە ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى؛ ئاخبارات ئورۇنلىرى بىلەن بىللە ئاپتونوم رايوننىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە ئۈلگە شەخس — ۋۇدېيۈن، جاڭ ۋەنجېننىڭ ئىلغار ئىش - ئىزلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى تىپىك تەجرىبىلەرنى كېڭەيتتى. ئۈرۈمچى شەھىرى، قەشقەر، ئاقسۇ، ئىلى ۋىلايەتلىرى، قاراماي شەھىرى، بىڭتۈەن، تۆمۈريول، قاتناش سىستېمىلىرى، «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئورۇنلار مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە بىر تۈركۈم ئۈلگە ئورۇن ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلىدى. ئاپتونوم رايوندىن مەملىكەتلىك 3 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتنىشىدىغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە ئۈلگە كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنى سايلاش خىزمىتىنى تاماملىدى، سايلانغان 26 ۋەكىل بېيجىڭدا ئېچىلغان تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايوندىكى ئاخبارات ئورۇنلىرىغا ھەمكارلىشىپ، تەقدىرلەش يىغىنىنىڭ ئەھۋالى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە ئۈلگە ئورۇن ۋە ئىلغار ئورۇنلارنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى تەشۋىق قىلدى.

3. ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ مۇقىملىق خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇشىغا ھەمكارلىشىپ، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىغا «شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئاساسلىق مەسىلىلەر» دېگەن ئۇنىۋېرسال دوكلاتنى يوللىدى. ئۇزۇندىن ھەل بولماي كېلىۋاتقان ئاقچى ناھىيىسىدىكى بىر قىسىم قىرغىزلارنىڭ يەكەنگە كۆچۈپ كېتىش مەسىلىسى ھەل قىلىندى. گەنسۇ ئۆلكىسى بىلەن ئاپتونوم رايونىمىز ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا ماجىراسى ۋە چېگرانى تەكشۈرۈش مەسىلىسىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ۋە ئۇ ھەقتە ماسلاشتۇرۇش خىزمىتى ئىشلىدى. چىڭخەي ئۆلكىسىدە ئولتۇراقلاشقان شىنجاڭلىق بىر قىسىم قازاقلارنى كۆچۈرۈش مەسىلىسى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىندى. بىخەتەرلىك جەھەتتىكى ئالدىنى ئېلىش ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، مۇقىمسىزلىق ئامىللىرىنى ئاساسىي قاتلامدا، يەرلىكتە ۋە بىخ ھالىتىدىلا يوقاتتى.

4. بىر قىسىم ۋىلايەت، ناھىيىلەردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرى ۋە مىللىي مائارىپى ئۈچۈن بېرىلگەن قوشۇمچە ياردەم پۇلىنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالى تەكشۈرۈلۈپ، «نۆۋەتتە چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ياتاقلىق مەكتەپ مائارىپىدىكى جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بىر قانچە مەسىلە» تەكشۈرۈش دوكلاتىنى يۇقىرىغا يوللىدى. «قوش تىل» ئوقۇتۇشى، ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ ۋە چوڭلار

مەكتەپلىرىگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش، ئاز سانلىق مىللەت مائارىپىغا بېرىلىدىغان تولۇقلىما پۇلنى ئاشۇرۇش ئىشلىرىغا قاتنىشىپ، مىللىي مائارىپقا ئارىلىشىش سالمىقىنى كۈچەيتتى. مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن بىرلىكتە «تۇلپار مۇكاپاتى» بويىچە ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئەسەرلىرىنى باھالاش ۋە 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك «توز مۇكاپاتى» ئاز سانلىق مىللەت ناخشا - مۇزىكا مۇسابىقىسىگە قاتنىشىدىغان ماھىرلارنى تاللاش خىزمىتىنى تاماملىدى. «شىنجاڭ مىللەتلەر - دىن خىزمىتى» ژۇرنىلىنى ئۆزگەرتىپ، مىللەتلەر - دىن سىياسىتى توغرىسىدىكى تەتقىقاتنى كۈچەيتتى.

5. ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن بىرلىشىپ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە ئۈلگە ئورۇن بەرپا قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە ئۈلگە شەخسلەردىن بولۇش پائالىيىتىنى باشقۇرۇش چارىسى»نى يەنىمۇ ئىزچىل ئىجرا قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، «قوش ئۈلگە» بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى. «ئاپتونوم رايوننىڭ مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەرنى باشقۇرۇش نىزامى»نى ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 2000 - يىللىق يەرلىك قانۇن تۈزۈش تۈرىگە كىرگۈزدى. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش نىزامىنى يولغا قويۇش تەپسىلىي پرىنسىپى»نى قايتىدىن تۈزدى. «يېڭى دەۋردىكى مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى سىياسىتىگە دائىر قانۇن - تۈزۈملەردىن تاللانما»نى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە 3 خىل تىلدا تۈزۈپ تەرجىمە ۋە نەشر قىلدى. «دىنىي مەسىلە نەزەرىيىسى ۋە سىياسىتىگە دائىر ئامما ئوقۇشلۇق»نى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە نەشر قىلدى.

6. ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، بىرلىك سەپ بۆلۈمى بىلەن بىرلىشىپ، ش ئۇ ئا ر پارتىيە مەكتىپىدە ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى كومىتېتلىرىنىڭ مۇدىرلىرى، قىسمەن ناھىيىلىك، شەھەرلىك مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى ئىدارىلىرىنىڭ باشلىقلىرىدىن 34 كىشىگە 50 كۈنلۈك كۇرس ئاچتى، 9 - ئايدا قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتىيە مەكتىپىدە جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە ئۇيغۇرچە، ئىلى ئوبلاستلىق پارتىيە مەكتىپىدە شىمالىي شىنجاڭ بويىچە خەنزۇچە، ناھىيىلىك، شەھەرلىك مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى ئىدارىلىرىنىڭ باشلىقلىرى كۇرسى ئېچىپ، 62 كىشىنى تەربىيىلىدى. دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ غەمخورلۇق قىلىشى بىلەن، ئاپتونوم رايوندىكى مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى خىزمەت تارماقلىرىغا خىزمەت ئاپتوموبىلى سەپلەپ بېرىلدى.

ژاڭ پىڭ

## «ئىككى خىل مەبلەغ»نىڭ تەقسىملىنىش ئەھۋالى

ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى نامراتلارنى يۆلەش مەخسۇس قەرز پۇلى — دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەت نامرات رايونلىرىدىكى ئاممىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، قورساق توق، كىيىم پۈتۈن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن قوللانغان مۇھىم تەدبىرى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ نامراتلارنى يۆلەش سىياسىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. بۇ قەرز پۇل 1990 - يىلى تەسىس قىلىنغاندىن بۇيان، دۆلەت ئاپتونوم رايوندىكى نامرات ناھىيىلەرگە 100 مىليون يۈەنگە يېقىن قەرز پۇل مەبلىغى سېلىپ، 100 گە يېقىن تۈرنى يۆلىدى. 1999 - يىللىق ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى نامراتلارنى يۆلەش مەخسۇس قەرز پۇلىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە ئىشلىتىلىشىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، جايلاردىكى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى، نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىلىرى ۋە پۇل مۇئامىلىنى باشقۇرۇش تارماقلىرى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە بوداش - دەلىللەش ئاساسىدا، ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشى ئارقىلىق، ش ئۇ ئا ر نامراتلارنى يۆلەش - ئېچىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىغا ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى نامراتلارنى يۆلەش مەخسۇس قەرز پۇلىدىن 10 مىليون يۈەن قەرز بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى، شۇ يىلى بۇ پۇلدىن 4 مىليون 900 مىڭ يۈەن ئەمەلىيلىشىپ تارقىتىلدى. مالىيە مىنىستىرلىكى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ 1999 - يىللىق ئاز سانلىق مىللەتلەر تەرەققىيات مەبلىغىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى توغرىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئۇقتۇرۇشىنىڭ روھىغا شۇنداقلا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر تەرەققىيات مەبلىغىنى باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش تەپسىلىي چارىسى»دىكى تەلەپكە ئاساسەن، ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى كومىتېتى بىلەن مالىيە نازارىتى مەبلەغنى تەقسىملەش لايىھىسىنى مۇزاكىرىلىشىپ، 24 مىليون يۈەن ئاز سانلىق مىللەتلەر تەرەققىيات مەبلىغىنى 211 تۈرگە ئىشلىتىشنى، 15 ۋىلايەت، ئوبلاست، 79 ناھىيە، شەھەرنى قاپلاشنى، 150 نەچچە يېزا (بازار) غا نەپ بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

مۇيەسسەر تۇردى

## ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى مۇندەرىجىسىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىنى تۈزۈش خىزمىتى

ش ئۇ ئا ر قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى ئاپتونوم رايون

بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى يىغىش، رەتلەش خىزمىتىنى 1984 - يىلدىن باشلاپ قانات يايدۇردى. 1999 - يىلغا قەدەر ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل، قىرغىز، تاتار، ئۆزبېك، شىبە، مانجۇ، خۇيزۇ، داغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ 5000 دىن ئارتۇق قەدىمكى ئەسىرىنى يىغىپ، ئۇلاردىن 100 نەچچە قىسمىنى رەتلەپ نەشر قىلدى. ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىلىرى 3500 پارچە يىغىپ، 30 نەچچە قىسمىنى رەتلەپ نەشر قىلدى. يەنە 4000 دىن كۆپرەكى ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى چوڭ كۇتۇپخانىلاردا، ئارخىپخانىلاردا، مۇزېيلاردا، ئالىي مەكتەپ، تېخنىكۇملارنىڭ كۇتۇپخانىلىرىدا ساقلانماقتا. ش ئۇ ئا ر قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن «، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى مۇندەرىجىسىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىنى تۈزۈش پىلانى، توغرىسىدىكى خىزمەت دوكلاتى» نى ئوتتۇرىغا قويدى، ش ئۇ ئا ر ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى 1999 - يىل 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى يىغىن ئېچىپ، بۇ دوكلاتنى تەكشۈرۈپ ماقۇللىدى.

ما شىنچاڭ

## مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە ئۈلگە كوللېكتىپ ۋە ئۈلگە شەخسلەر

گوۋۇيۈەن 1999 - يىل 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى بېيجىڭدا 3 - قېتىملىق مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايون (بىڭتۇەنمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) دىن 44 ئۈلگە كوللېكتىپ، 57 ئۈلگە شەخس تەقدىرلەندى.

ئۈلگە كوللېكتىپلار   ئىلى شېكەر زاۋۇتى، ئىلى ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىسى، قورغاس ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ، ساۋەن ناھىيىسى، شىنجاڭ شىنخۇ پېۋا گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، قابا ناھىيىسى جايىلما يېزىسى، كۆكتوقاي ناھىيىسى، ئارشاڭ ناھىيىسى كۆندەلەن چارۋىچىلىق فېرمىسى، مىچۈەن شەھىرى تېيچاڭگۇ بازىرى يۇقارقى شۇگۇاڭ كەنتى، فۇكاڭ شەھىرى «لۇڭفېڭ» پاي ھەمكارلىق شىركىتى، پىچان ناھىيىلىك ئالتۇن كېنى، كورلا شەھىرى، خېجىڭ ناھىيىسى بارۇن خارمودۇن بازىرى، چەرچەن ناھىيىلىك يەرلىك باج ئىدارىسى، ئاقسۇ شەھەرلىك جۇڭگو تېبابىتى دوختۇرخانىسى، باي ناھىيىسى چەرچى دېھقانچىلىق مەيدانى، كۇچا ناھىيىسى ئاغى يېزىسى لەڭگەر كەنتى، ئۇلۇغچات ناھىيىسى قىزىلئۆي يېزىسى، پوسكام ناھىيىسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىسى، مەكىت ناھىيىسى يانتاق يېزىسى ئارا لاڭقا كەنتى، خوتەن شەھىرى، خوتەن ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىسى، لوپ ناھىيىسى بەشتوغراق يېزىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونى، ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭىشەھەر رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى نېفىتلىك قۇرۇلۇشى شىركىتى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 8 - شىسى 133 - تۇەن - مەيدانى، شىنجاڭ «شىنخۇا» باسما زاۋۇتى، تارىم نېفىت تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش قوماندانلىق شتابى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى، ئورمانچىلىق نازارىتى مورى ئورمانچىلىق مەيدانى، شىنجاڭ تېببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى شىركىتىنىڭ ئاز ئۇچرايدىغان مېتاللار كانى، شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر (گۇرۇھى) كوكس كۆيدۈرۈش چەكلىك شىركىتى، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق ج خ ئىدارىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 3 - ئوتتۇرا مەكتەپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى كومىتېتى، بىڭتۇەن خوتەن دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ 47 - تۇەن - مەيدانى، بىڭتۇەن قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى «قىزىل يۇلتۇز» دوختۇرخانىسى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 3 - شىسى 44 - تۇەن - مەيدانى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى 30 - تۇەن - مەيدانى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 6 - شىسى ھەربىيلەر ئائىلىلىرى دېھقانچىلىق مەيدانى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 9 - شىسى 168 - تۇەن - مەيدانى.

ئۈلگە شەخسلەر   ئامان قېدىرباي (قازاق، ئىلى ئوبلاستلىق مالىيە - سودا مەكتىپىنىڭ مۇدىرى)، ئابدىلىم ئىمىن (غۇلجا شەھىرى خەنبىڭ يېزىسى چىلپەڭزە كەنتىدىن، دېھقان)، سۈي جۈنجيې (ج ك پ ئىلى ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى)، ۋۇ يۈەنىڭ (شىبە، چاپچال ناھىيىلىك يەر باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)، پەرھات نىياز (ئۆزبېك، غۇلجا ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ياردەمچى تەپتىشى)، ئەنۋەربېك (قازاق، ئىلى ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)، روشەن رىشتاي (ئايال، قازاق، تولى ناھىيىسى ئاقبېلدىۋ يېزىلىق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى)، لىن تەي (داغۇر، چۆچەك شەھىرى ئاشىلى داغۇر مىللىي يېزىسى چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ چارۋىچىسى)، داباۋسكىي لىما (ئايال، رۇس، چۆچەك شەھەرلىك 2 - بالىلار باغچىسىنىڭ ئالىي تەربىيىچىسى)، ئابدان (قازاق، كۆكتوقاي ناھىيىسى دۆرە يېزىسى كۆكبۇلاق كەنتىدىن، چارۋىچى)، جاڭ ۋەنجيې (بۇرچىن ناھىيىلىك ئاياللار - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى)، چاغنا

(موڭغۇل، بورتالا شەھىرى دالتۇ بازىرى ئورۇنسىزلاق كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى)، ۋاڭ يۈن (جىلاڭ ناھىيىسى قۇستاي سەھىيە پونكىتىنىڭ دوختۇرى)، ماگودۇلاڭ (خۇيزۇ، سانجى شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)، كې جۇڭيۈ (جىمسار ناھىيىلىك سودا - ساناائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)، سەيدۇۋاققاس (تاتار، گۇچۇڭ ناھىيىلىك 3 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى)، جاڭ لىنچىاڭ (توقسۇن ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى)، ئابدۇرېھىم (تۇرپان شەھىرى چاتقال يېزىسى قاراخوجا كارىز كەنتىدىن، دېھقان)، خەن يەنجاۋ (بارىكۆل ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇتقا يېتەكچىلىك قىلىش پونكىتىنىڭ باشلىقى)، ئەبەكىن كۆكەن (قازاق، قۇمۇل شەھىرى دەۋەلدۇرۇك قازاق يېزىسىنىڭ باشلىقى)، زىبركېت (موڭغۇل، خوشۇت ناھىيىسى تاغارچى يېزىسىنىڭ باشلىقى)، فېڭ يۈجى (خۇيزۇ، يەنجى ناھىيىلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)، ساۋۇر ساۋۇت (ئاۋات ناھىيىسى مول ھوسۇل 3 - مەيدانى غەربىي سايرات كەنتى ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى)، دەن لىنجى (ئايال، توقسۇ ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)، تۇرغۇن ئەبەيدۇللا (مارالبېشى ناھىيىسى شامال يېزىسى تېرەك كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى)، مىجىت ئېلى (قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى خانئېرىق بازىرى بوياقچىخىل كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى)، خې يۈڭشياڭ (مەكىت ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى)، جۇمەك (تاجىك، تاشقورغان ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى)، ۋۇ دېگيۈن (ئۇلۇغچات ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى)، ئابدۇمىجىت ھىمىت (خوتەن ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىسى تېخنىكىلىق رازۋېدكا بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)، مەتروزى ئابدۇرېھىم (كېرىيە ناھىيىسى شەنبە بازار ئارىش كەنتىدىن، دېھقان)، خې جەنشەن (خۇيزۇ، ئۈرۈمچى ناھىيىسى ئەرگۆلڭ يېزىسى باجياخۇ كەنتى پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى)، تىلەك مەمەتنىياز (ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى تىيانشان رايونلۇق شۆبە ئىدارىسىنىڭ سىياسىي كومىسسارى)، لولى (ئايال، ئۈرۈمچى شەھىرى تۇدۇڭخابا رايونى تۇدۇڭخابا مەھەللە ئىش باشقارمىسى پارتكومىنىڭ شۇجىسى)، قادىر بەگ (قىرغىز، ئىلى ئوبلاستلىق ج خ چېگرا مۇداپىئە تارماق ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)، لى ۋېيگو (قەشقەر تۈرمىسىنىڭ سىياسىي كومىسسارى، پارتكوم شۇجىسى)، مەلىكە (قونجىراپ ئاموۋنا باج يىغىش - ستاتىستىكىلاش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى)، ھەسەن بارات (شىنجاڭ «كوئېنلۇن» پاي چەكلىك شىركىتى ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى)، پەرھات تۆلىمىش (قىرغىز، ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى)، مەمەت ئەخلەت (قەشقەر ۋىلايەتلىك خەلق قوزۇلتىيى خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى)، جاڭ لياڭجيې (ئاقسۇ ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)، قۇربەيدۇللا (قازاق، ج ك پ ئالتاي ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى)، مەمەتروزى سەپەر (ج خ نازارىتىنىڭ نازىر دەرىجىلىك مۇئاۋىن نازىرى)، جېن يەنپۇ (ئورمانچىلىق نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىر دەرىجىلىك تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلغۇچىسى)، مىڭ جېشياڭ (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى)، دىلنار ئابدۇللا (شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ 1 - دەرىجىلىك ئارتىسى)، شېرىپخان داموللا (ئۈرۈمچى شەھىرى تىيانشان رايونى نوغاي مەسچىتىنىڭ ئاخۇنى)، دەي جىۋېن (ش ئۇ ئا ر سودا - ساناائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى)، رەخمون ئابلىز (خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ سابىق نازىرى)، زەينەپ ئاسىل (شىنجاڭ 1 - بىناكارلىق شىركىتى 1 - شۆبە شىركىتىنىڭ پاياتلاش ئىشچىسى)، خاماقاي (ئايال، قازاق، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 4 - شىسى 67 - تۇەن - مەيدانى پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى)، دۇن رۇڭفۇ (خۇيزۇ، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 10 - شىسى پارتكومى بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى)، سادىق داۋۇت (بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 1 - شىسى 5 - تۇەن - مەيدانىنىڭ مۇئاۋىن تۇەنجاڭى، چېن خۇڭئەن (بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 8 - شىسى 142 - تۇەن - مەيدانىنىڭ پىنسىيىگە چىققان ئىشچىسى)، ۋاڭ چۈنچۈەن (بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 5 - شىسى 89 - تۇەن - مەيدانى پارتكومىنىڭ شۇجىسى، سىياسىي كومىسسارى)، روزى ئىبرايىم (بىڭتۇەن مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى)، لى جىڭۋېي (ئۈرۈمچى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى تۇدۇڭخابا دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ باشلىقى).

جانار ئورمانبېك

## ۋۇدېگيۈن، جاڭ ۋەنجيېلەرگە «ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە ئۈلگە شەخس» دەپ نام بېرىلدى

ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 1999 - يىل 4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى «يولداش ۋۇدېگيۈن بىلەن جاڭ ۋەنجيېگە ‹ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە ئۈلگە شەخس› دەپ نام بېرىش توغرىسىدا قارار» چىقىرىپ، ۋۇ دېگيۈن، جاڭ ۋەنجيېنىڭ خىزمەت قىلىش ۋە ياشاش داۋامىدا پارتىيىنى، شىنجاڭنى، چېگرا رايوندىكى ھەر مىللەت ئاممىسىنى قىزغىن سۆيۈپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، بارلىقىنى خەلققە

بېغىشلىغانلىقىدەك ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلىتىگە يۇقىرى باھا بەردى.

ۋۇ دېگيۇەن ئۇلۇغچات ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى. ئۇ خىزمەتكە قاتناشقان 35 يىلدىن بېرى، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، جان ـ دىلى بىلەن ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدى، خەۋپ ئىچىدە قالغان ھەر مىللەت بىمارلىرىغا 30 قېتىمدىن ئارتۇق ھەقسىز قان تەقدىم قىلدى، ئۇ تەقدىم قىلغان قان جەمئىي 7000 مىللىلىتىرغا يېتىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ خەۋپ ـ خەتەرگە ئۇچرىشىغا قارىماي، قەيەر ئەڭ خەتەرلىك بولسا، قەيەردىكى ئامما ئۇنىڭغا ئەڭ ئېھتىياجلىق بولسا، شۇ يەردە پەيدا بولدى، ئۇ ھەر مىللەت ئاممىسى تەرىپىدىن «ئاق خالاتلىق دانىشمەن» دەپ تەرىپلەندى.

جالىڭ ۋەنجيې ئىلگىرى بۇرچىن ناھىيىسى چوڭقۇر يېزىلىق شىپاخانىسى ئامبۇلاتورىيە بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولغان، كېيىن قۇمقاناس موڭغۇل يېزىسىغا يۆتكىلىپ كېلىپ، يېزىلىق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولدى. كۆپ يىلدىن بېرى، ئۇ ھەم شۇجى، ھەم دوختۇر بولۇپ ئىشلەپ، كۆپ قېتىم خېيىمخەتەرگە تەۋەككۇل قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت قېرىنداشلىرىنى قۇتۇلدۇردى. ئۇ كۆرۈنەرلىك خىزمىتى ۋە ئۆزىنى بېغىشلاشتەك روھى بىلەن ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى.

جانار ئورمانبېك

## مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلارنىڭ داڭلىق مەھسۇلاتلىرى كۆرگەزمىسىگە قاتنىشىش ئەھۋالى

مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلارنىڭ داڭلىق مەھسۇلاتلىرى كۆرگەزمىسى 1999 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىن 11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىگىچە بېيجىڭدە ئۆتكۈزۈلدى. شىنجاڭ كۆرگەزمە ئۆمىكى 41 كارخانىنىڭ 100گە يېقىن مەھسۇلاتىنى كۆرگەزمىگە قاتناشتۇردى. ئاساسلىق مەھسۇلاتلار نېفىت ـ خىمىيە، توقۇمىچىلىق، يېمەك ـ ئىچمەك، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى، ھاراق، دورا ـ دەرمەك، ئالاھىدە مىللىي بۇيۇملار قاتارلىق ساھەلەرنىڭ داڭلىق مەھسۇلاتلىرى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بېكىتكەن داڭلىق مەھسۇلاتلاردىن 20 نەچچە خىلى بار. كۆرگەزمە ئۆمىكى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بىر قىسىم ئەنئەنىۋى، ئۆزگىچە بولغان، شىنجاڭنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان داڭلىق مەھسۇلاتلارنى، مەسىلەن: مىللىي چالغۇ ـ ئەسۋابلار، ئەتلەس، مىللىيچە كىيىم ـ كېچەك قاتارلىقلارنى تاللاپ كۆرگەزمىگە قويدى. كۆرگەزمىدە، ئاپتونوم رايون ئەڭ ياخشى تەشكىللەش مۇكاپاتىغا، ئەڭ ياخشى كۆرگەزمە مۇكاپاتىغا ۋە سېتىش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. پارتىيە، دۆلەت رەھبەرلىرىدىن لى رۇيخۇەن، ۋۇ باڭگو قاتارلىقلار شىنجاڭ كۆرگەزمە رايونىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى ھەمدە خىزمەتچى خادىملار بىلەن بىللە خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.

مۇيەسسەر تۇردى

## مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە ئۈلگە شەخسلەر ۋەكىللىرى ئۆمىكى ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئېكسكۇرسىيە ۋە ئۆگىنىشكە باردى

ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتى تەشكىللىگەن ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى خوجەمخان ھاكىموف باشچىلىقىدىكى ئاپتونوم رايونلۇق 2 ـ تۈركۈمدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە ئۈلگە شەخسلەر ۋەكىللىرى ئېكسكۇرسىيە ۋە ئۆگىنىش ئۆمىكى 1999 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىگىچە ئىچكى ئۆلكىلەردە ئېكسكۇرسىيە ۋە ئۆگىنىشتە بولدى. ئۆمەك ئەزالىرى 15 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە بىڭتۇەندىن كەلگەن بولۇپ، ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل، خۇيزۇ، شىبە، داغۇر، تاجىك، ئۆزبېك، رۇس قاتارلىق 11 مىللەتتىن بولغان 27 ۋەكىلدىن تەشكىللەندى. بۇلار ئىلگىرى گوۋۇيۈەن، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن تەقدىرلەنگەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئۈلگىلىك شەخسلەر، بۇلارنىڭ ئىچىدە دېھقان، چارۋىچى 6، دوختۇر 2، ئاساسىي قاتلام كادىرى 19.

ۋەكىللەر ئۆمىكى شەنشى، خېنەن، خۇنەن، گۇاڭدۇڭ، شېنجېن، جۇخەي قاتارلىق ئۆلكە، شەھەرلەردە ئېكسكۇرسىيە ۋە ئۆگىنىشتە بولدى. قەيەرگىلا بارسا شۇ جايدا قىزغىن كۈتۈۋېلىندى. ئېكسكۇرسىيە قىلىش ئارقىلىق، ۋەكىللەرنىڭ نەزەر دائىرىسى كېڭىيىپ، سىياسىي ئېڭى ۋە ئىدىيىۋى تونۇشى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئېتىقادى تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش تەقەززا ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى كۈچىيىپ، شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ئالاقىسى ۋە ئۆز ئارا ئىتتىپاقلىقى تېخىمۇ كۈچەيتىلدى. كۆپچىلىك بۇندىن كېيىنكى خىزمەت داۋامىدا ھەسسىلەپ تىرىشىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، شىنجاڭنىڭ قالاق ھالىتىنى تەلتۆكۈس ئۆزگەرتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

جانار ئورمانبېك

## مەملىكەتلىك گاز سانلىق مىللەتلەر ناخشىچىلىرى مۇسابىقىسىنىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى تەييارلىق مۇسابىقىسى

ج ك پ بىرلىك سەپ بۆلۈمى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ئۇيۇشتۇرغان، 1999 - يىل 10 - ئايدا بېيجىڭدە ئۆتكۈزۈلىدىغان يېڭى ئەسىرنى كۈتۈۋېلىش مىللىي ناخشىچىلار ۋە خەلق ناخشىچىلىرىنى تاللاش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون 7 - ئاينىڭ 25 — 27 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە شىنجاڭدىكى مىللىي ناخشىچىلار ۋە خەلق ناخشىچىلىرىنى تاللاش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى، ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى كومىتېتى، مەدەنىيەت نازارىتى بىرلىشىپ تەشكىللەش ھەيئىتى قۇردى، ئاپتونوم رايوندىكى مۇتەخەسسىس، سەنئەتكارلاردىن باھالاش كومىتېتى تەشكىللەندى. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن، 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىن 10 مىللەتكە ۋاكالىتەن 26 ناخشىچى تەييارلىق مۇسابىقىسىگە قاتناشتى. نامۇچىن، دۆلەك خوا، ئىمىن نىياز قاتارلىق 15 ماھىر 1 -، 2 - 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. تەييارلىق مۇسابىقىسىدا تاللانغان ماھىرلار بېيجىڭدە ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىگە قاتناشتى.

ما شىنچاڭ

# مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى

## مىللەتلەر تىل - يېزىقىنىڭ تەتقىق قىلىنىش ۋە تەكشۈرۈپ بېكىتىلىش ئەھۋالى

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل - يېزىق كومىتېتى مىللەتلەر تىل - يېزىقىنى قوللىنىش تەتقىقاتىنى ۋە قېلىپلاشتۇرۇش، ئۆلچەملەشتۈرۈش خىزمىتىنى كۈچەيتتى. تىل تەكشۈرۈش، ماتېرىيال توپلاش ئاساسىدا «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى سۆزلۈكلىرى ئامبىرى» ناملىق تەتقىقات تېمىسىنى بېكىتتى. 1999 - يىلى 75 مىڭ سۆزلۈك توپلاندى، بۇ ئومۇمىي سۆزلۈكنىڭ %75نى ئىگىلەيدۇ، سۆزلۈكلەر ئامبىرىنىڭ قوللىنىشقا دائىر يۇمشاق دېتال تەتقىق قىلىنماقتا ۋە ۋۇجۇتقا كېلىش ئالدىدا تۇرماقتا.

جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى ساھەلەردىن «قازاق تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتى» توغرىسىدا كەلگەن كۆلەمدە پىكىر ئېلىش ئاساسىدا، بۇ لۇغەتنى ۋە «قازاق تىلى ئىملاسى ھەم تىنىش بەلگىلىرىگە دائىر ئاساسىي قائىدە»نى تۈزەتتى، ئىملا قائىدىسىگە دائىر 56 ماددىلىق قائىدىنى، تىنىش بەلگىلىرىگە دائىر 60 ماددىلىق قائىدىنى تۈزۈپ چىقتى. «قازاق تىلىنىڭ تەلەپپۇز قائىدىسى ھەققىدە ساۋات» ناملىق دەسلەپكى ئورگىنالىنى تۈزۈپ بولدى.

«ھازىرقى زامان شىبە ئەدەبىي تىلىنىڭ تەلەپپۇز قائىدىلىرى»نى تۈزىتىپ بېكىتتى، «خەنزۇچە شىبەچە لۇغەت»نى نەشرىياتقا تاپشۇردى.

مىللەتلەر تىلىدىكى ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇپ بېكىتىش خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى كۈچەيتىپ، بىر تۈركۈم دائىم قوللىنىلىدىغان ئاتالغۇلار ۋە پەن - تېخنىكا ئاتالغۇلىرىنى ۋاقتىدا بېكىتىپ ئېلان قىلدى. 1999 - يىلى ئۇيغۇرچە كومپيۇتېرغا ئائىت ئاتالغۇدىن 3000نى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىغا ئائىت ئاتالغۇدىن 570نى، باج ئاتالغۇلىرىدىن 1000نى، دائىم قوللىنىلىدىغان ئاتالغۇلاردىن 100نى بېكىتتى؛ قازاقچە «خەنزۇچە - قازاقچە قېلىپلاشتۇرۇلغان ئاتالغۇلار»نىڭ 1 - قىسمىنى بېكىتىپ نەشر قىلدى، ئۇنىڭدا جەمئىي 1500 ئاتالغۇ، دائىم قوللىنىلىدىغان ئاتالغۇدىن 1000ى بار؛ جۇغراپىيە، ئاسترونومىيە، كومپيۇتېر ئاتالغۇلىرىدىن 6500 نى تەكشۈرۈپ بېكىتىپ نەشرگە يوللىدى؛ قىرغىزچە دائىم قوللىنىلىدىغان 1500 ئاتالغۇنى، جىنايى ئىشلار قانۇنىغا دائىر 300 جىنايەت نامىنى قېلىپلاشتۇرۇپ بېكىتتى، جۇغراپىيە ئاتالغۇلىرىدىن 2000نى، كومپيۇتېر ئاتالغۇلىرىدىن 3000نى دەسلەپكى قەدەمدە بېكىتتى.

1999 - يىل 1 - ئايدا «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»نىڭ 1 - تومىدىن 6 - تومىغىچە تۈزۈش ئىشىنى تۈگەتتى، بۇ لۇغەتنى مىللەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى. «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» (يىغىنچاق نۇسخىسى) » نەشر قىلىندى.

چى جيەنجۇن

## مىللەتلەرنىڭ تىل ۋە تەرجىمە ساھەسىدىكى ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتى

ئاپتونوم رايوننىڭ تىل ۋە تەرجىمە خىزمەتچىلىرىنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، مىللەتلەر تىل - يېزىقىنىڭ قېلىپلىشىش ۋە ئۆلچەملىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى 1999 - يىلى مىللەتلەرنىڭ تىل ۋە تەرجىمە ساھەسىدىكى ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى ئىزچىل قانات يايدۇردى. ئۇيغۇرتىلى، قازاق تىلى، موڭغۇل تىلى

تەرجىمانلىقى بويىچە تۈنجى قارار ئالىي، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي خادىملارنى داۋاملىق تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى. كۇرسقا قاتناشقان 317 تەرجىمان سىناشتىن ئۆتۈپ، ش ئۇ ئا ر كادىرلار نازارىتى تارقاتقان «كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنى ئىش ئورنىدا داۋاملىق تەربىيىلەش گۇۋاھنامىسى» ئالدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە، قازاق تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز كۇرسى ئېچىلىپ، تەرجىمان، دىكتور ۋە مۇناسىۋەتلىك خادىملاردىن 54ى تەربىيىلىنىپ، قازاق تىل - يېزىقىنىڭ قېلىپلىشىش ۋە ئۆلچەملىشىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىق تەرجىمانلىقى بويىچە كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى ئالىدىغانلارنى باھالاپ بېكىتىشتە 39 تەرجىمانغا ئالىي تەرجىمان، كاندىدات ئالىي تەرجىمان ئۇنۋانى بېرىلدى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىدارە - ئورگاندىكى 21 تەرجىمانغا تەرجىمان ئۇنۋانى بېرىلدى.

چى جيەنجۇن

## ئاپتونوم رايونلۇق شەھەرلەر تىل - يېزىق خىزمىتى يىغىنى

بۇ يىغىن 1999 - يىل 6 - ئاينىڭ 14 - كۈنى قۇمۇلدا ئېچىلدى. يىغىنغا ئاپتونوم رايوندىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ئاپتونوم ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ مەسئۇل رەھبەرلىرى، تىل - يېزىق خىزمىتىگە مەسئۇل خادىملار، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ۋەكىللىرىدىن بولۇپ 100 دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى. ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى خوجىخان ھاكىموۋ، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇقادىر نەسىردىن يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە سۆز قىلدى. يىغىندا مەملىكەتلىك شەھەرلەر تىل - يېزىق خىزمىتى مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، شەھەرلەر تىل - يېزىق خىزمىتى تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ تىل - يېزىق خىزمىتىدە يېڭىچە ۋەزىيەت يارىتىش مۇھاكىمە قىلىندى. يىغىندا ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ۋە رەھبەرلەردىن «تىل - يېزىق خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشنى «سىياسىغا ئەھمىيەت بېرىش» يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ ئايدىڭلاشتۇرۇش، ھۆكۈمەتنىڭ فۇنكسىيىلىك تارماقلىرىنىڭ رولىنى كۈچەيتىپ، تىل - يېزىق خىزمىتىنى باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىش تەلەپ قىلىندى. يىغىندا شەھەرلەر تىل - يېزىقىنىڭ قېلىپلىشىشنى باشقۇرۇشقا ئائىت پىكىر - تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىشى ھەم قۇمۇل شەھىرىنى تىپ قىلغان ھالدا شەرقىي شىنجاڭ رايونىنى يېتەكلەپ، ئاندىن ئاپتونوم رايون بويىچە كېڭەيتىش تەلەپ قىلىندى.

چى جيەنجۇن

## ئاپتونوم رايونلۇق تۇنجى نۆۋەتلىك مىللەتلەر تىل - يېزىق تەرجىمىسىگە دائىر ئىلمىي ماقالىلەرنى باھالاش - مۇكاپاتلاش

ئاپتونوم رايونلۇق تۇنجى نۆۋەتلىك مىللەتلەر تىل - يېزىق تەرجىمىسىگە دائىر ئىلمىي ماقالىلەرنى باھالاش پائالىيىتى 1999 - يىل 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئاياقلاشتى. بۇ قېتىمقى پائالىيەتنى ش ئۇ ئا ر تەرجىمانلار جەمئىيىتى بىلەن «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى رېداكسىيىسى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان. 4 - ئايدىن باشلاپ ئۇلار 40 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋالدى. مۇتەخەسسىس، ئالىملارنىڭ باھالاپ بېكىتىشى بىلەن، ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە، موڭغۇلچە يېزىقتىكى ئىلمىي ماقالىلەردىن 6 پارچىسى 1 - لىككە، 10 پارچىسى 2 - لىككە، 12 پارچىسى رىغبەتلەندۈرۈش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 1 -، 2 - لىككە ئېرىشكەن ئىلمىي ماقالىلەر 1999 - يىل 9 - ئايدا ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان 8 - قېتىملىق مەملىكەتلىك مىللەتلەر تىل - يېزىق تەرجىمە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتۇرۇلدى.

چى جيەنجۇن

## «شىنجاڭ — 2000» كۆپ خىل يېزىقلىق، سىخېما بىلەن يېزىق بىرلەشتۈرۈلگەن ھەرپ تىزىش سىستېمىسىنىڭ يۇمشاق دېتالى تەتقىق قىلىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى

كومپيۇتېرنىڭ «شىنجاڭ — 2000» كۆپ خىل يېزىقلىق، سىخېما بىلەن يېزىق بىرلەشتۈرۈلگەن ھەرپ تىزىش سىستېمىسىنىڭ يۇمشاق دېتالى تەتقىقاتچى خادىملارنىڭ 2 يىللىق تىرىشچان ئارقىلىق 1999 - يىلى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، سىناشتا لاياقەتلىك ئۆلچەمگە يەتتى. بۇ سىستېمىغا شىنجاڭدا قەدىمكى، يېقىنقى، ھازىرقى زامانلاردا قوللىنىلغان 20 خىلغا يېقىن يېزىق بىر گەۋدە قىلىنغان، ئۇ خەنزۇچە، ئېنگلىزچە، رۇسچە، ئەرەبچە يېزىقلار ئۆز ئارا كىرىشتۈرۈلگەن، كۆپ يېزىقلىق، سىخېما بىلەن يېزىق بىرلەشتۈرۈلگەن ھەرپ تىزىش سىستېمىسى بولۇپ ئۇنىڭدا خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە، موڭغۇلچە، شىبەچە، مانجۇچە يېزىقلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئاساس قىلىنىدۇ. قوشۇمچە سىخېما بىلەن سۈرەتنى بىر تەرەپ قىلغىلى ۋە چەت ئەل يېزىقىدىن ئىبارەت كۆپ يېزىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ تىزغىلى بولىدۇ، بۇ ئارقىلىق مىللىي يېزىقلارنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى يۇمشاق دېتالنىڭ ئارىلاشما ھەرپ تىزىشتىكى نۇرغۇن تېخنىكىلىق قىيىن نۇقتىلىرى مۇۋاپىق ھەل

قىلىندى، بۇ خىل سىستېما كۆپ خىل ئىقتىدارغا ئىگە، بولۇپمۇ ئۈستەل ئۈستىدە ئىش بېجىرىشنى ئاپتوماتلاشتۇرۇشقا ۋە يېنىك مەتبەئە سىستېمىسىغا ئىشلىتىشكە ناھايىتى ماس كېلىدۇ. بۇ سىستېمىنى ئىشلىتىش قولايلىق، مەشغۇلاتى ئاددىي، بۇ يۇمشاق دېتالنىڭ ئىشلىتىشكە باشلىغانلىقى ئاپتونوم رايوننىڭ مىللىي تىل - يېزىقنى بىر تەرەپ قىلىدىغان يۇمشاق دېتال سەۋىيىسىنىڭ يېڭى بىر تەرەققىيات باسقۇچىغا يەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

چى جيەنجۈن

## «ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە لۇغەت» تۈزۈش يۈزىسىدىن ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىلدى

ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى 1999 - يىل 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى «ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە لۇغەت» تۈزۈش يۈزىسىدىن ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇقادىر نەسىردىن، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يۈسۈپ ئەيسا قاتارلىق رەھبەرلەر يىغىنغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت يىغىنغا تەبرىك خېتى ئەۋەتتى.

«ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە لۇغەت» — جۇڭگودا «موڭغۇلچە - خەنزۇچە لۇغەت»، «چياۋشيەنچە - خەنزۇچە لۇغەت»، «تىبەتچە - خەنزۇچە لۇغەت»لەردىن كېيىن تۈزۈلگەن يەنە بىر مىللىيچە - خەنزۇچە، چوڭ، ئۇنىۋېرسال قوش تىللىق لۇغەت، مىللىيچە - خەنزۇچە تىل مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى سىستېمىلىق قۇرۇلۇش. بۇ لۇغەتنى 2001 - يىلى نەشردىن چىقىرىش پىلانلاندى.

چى جيەنجۈن

## قىرغىز يېزىقىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، قوللىنىلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن مۇھاكىمە يىغىنى ۋە «خەنزۇچە - قىرغىزچە لۇغەت»نىڭ تۇنجى تارقىتىلىش مۇراسىمى ئېچىلدى

ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى بىلەن قىزىلسۇ ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى بىرلىشىپ، 1999 - يىل 3 - ئاينىڭ 24 -، 25 - كۈنلىرى ئاتۇش شەھىرىدە قىرغىز يېزىقىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ قوللىنىلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى. يىغىندا قىرغىز يېزىقى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ قوللىنىلۋاتقان 20 يىلدىن بۇيان، جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە ئوينىغان مۇھىم رولى، بۇ تىلنى تەتقىق قىلىش، تىل - يېزىقنى قېلىپلاشتۇرۇش داۋامىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر، تەجرىبىلەر ئەسلەپ ئۆتۈلۈپ خۇلاسىلەندى. قىرغىز تىل - يېزىقى خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقان ئورۇن، شەخسلەر تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يەنە «خەنزۇچە - قىرغىزچە لۇغەت»نى تۇنجى قېتىملىق تارقىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. «خەنزۇچە - قىرغىزچە لۇغەت» قوش تىللىق، ئوتتۇراھال سېلىشتۇرما لۇغەت، مەزمۇنى مول، ئۇ جۇڭگودىكى قىرغىزلارنىڭ تارىخىدا خەنزۇچە - قىرغىزچە سېلىشتۇرما لۇغەت بولماسلىقتەك بوشلۇقنى تولدۇرۇپ، قىرغىز تىل - يېزىقىنى قېلىپلاشتۇرۇشتا، مىللىيلار بىلەن خەنزۇلارنىڭ ئۆز ئارا تىل - يېزىق ئۆگىنىشىنى كۈچەيتىشتە ئاكتىپ رول ئوينايدۇ.

چى جيەنجۈن

## جەمئىيەتتە يېزىق ئىشلىتىش كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈلدى

جەمئىيەتتە يېزىقنىڭ ئۆلچەم بويىچە ئىشلىتىلمەسلىك ئەھۋالىنى تۈزىتىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر قايسى جايلار 1999 - يىل 5 - ئايدىن باشلاپ جەمئىيەتتە يېزىق ئىشلىتىشنى كەڭ كۆلەمدە تەكشۈردى. كۆپىنچە ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك تىل - يېزىق كومىتېتلىرى (تىل - يېزىق خىزمىتى يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى) سودا - سانائەت، باج، شەھەر باشقۇرۇش، ج خ تارماقلىرى بىلەن بىرگە، ھەر قايسى شەھەرلەرنىڭ ئاساسلىق كوچىلىرىدىكى خەتلەرنى جۈملىدىن ۋىۋىسكا، بېغىشلىما ۋە تامغا ئۆلچىمىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى، خېتىنىڭ شەكلى قاتارلىقلارنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈردى، خېتى ئۆلچەمسىز ۋىۋىسكا، بېغىشلىما ۋە باشقا خەتلەرنى چەكلىك مۇددەتتە تۈزىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، مەجبۇرىي توغرىلىدى. ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى ئۈرۈمچى شەھەرلىك تىل - يېزىق كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە، 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى سودا كوچىسىدا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تىل - يېزىق خىزمىتى نىزامنامىسى»نى تەشۋىق قىلدى ۋە ئۇ ھەقتە مەسلىھەت بەردى. 3 تەشۋىقات گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، تەشۋىقات - مەسلىھەت بېرىش نۇقتىسىدىن 40نى تەسىس قىلىپ، «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ جەمئىيەتتە يېزىق ئىشلىتىشنى باشقۇرۇش چارىسى» تەشۋىقات ھەپتىلىكى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، خېلى ياخشى تەشۋىقات ئۈنۈمىگە ئېرىشتى. ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەردىكى 171 ئادەمگە قانۇننى ئىجرا قىلىش گۇۋاھنامىسى بېجىرىپ بېرىلىپ، جايلارنىڭ مەمۇرىي قانۇننى

ئىجرا قىلىشقا ئاساس سېلىندى. ئاپتونوم رايوننىڭ تىل - يېزىق خىزمىتىنىڭ ئەھۋالىنى ۋاقتى - ۋاقتىدا ئىگىلەپ تۇرۇش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى 2 تەكشۈرۈش گورۇپپىسىغا بۆلۈنۈپ، ئىلى، بورتالا، بايىنغولىن ئوبلاستلىرى ۋە ئاقسۇ ۋىلايىتىگە بېرىپ، قۇمۇل يېغىنى روھىنىڭ ئىزچىللىشىش ئەھۋالى بىلەن تىل - يېزىق خىزمىتىگە دائىر ئەھۋاللارنى تەكشۈرۈپ، جايلارنىڭ تىل - يېزىق خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى.

چى جيەنجۈن

## ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز يېزىقلىرىدىكى ھەرپلەرنىڭ خەلقئارالىق رەت نومۇرى بەلگىسى لايىھىسىنى مۇھاكىمە قىلىش يىغىنى ئېچىلدى

ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى 1999 - يىل 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايوندىكى 20 نەچچە مىللەتلەر تىل - يېزىق مۇتەخەسسىسلىرى بىلەن مىللىي يېزىقتىكى ئۇچۇرلارنى بىر تەرەپ قىلىش مۇتەخەسسىسلىرىنى ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە ھەرپلەرنى ISO/IEC10646 ئەرەب يېزىقى سىستېمىسىنىڭ خەلقئارالىق رەت نومۇرى لايىھىسىگە كىرگۈزۈشنى مۇھاكىمە قىلىشقا تەكلىپ قىلدى. يىغىندا جۇڭگونىڭ 1996 - يىلى خەلقئارالىق ئۆلچەملەشتۈرۈش يىغىنىغا سۇنغان لايىھىسى بويىچە، ھەرپ شەكلى ئوخشاش بولماسلىق، ھەرپ تولۇق بولۇش، ئورۇننى ئاز ئىگىلەش پرىنسىپىغا ئاساسەن، ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە يېزىقلار بىلەن ئەرەبچە يېزىقلار ئوتتۇرىسىدىكى شەكلى ئوخشايدىغان ۋە ئوخشىمايدىغان ھەرپلەر (بەلگىلەر) ئايرىپ چىقىلىپ، 1996 - يىلدىكى لايىھىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلدى. ئۇيغۇر يېزىقىدا 2 قوشما ھەرپ بەلگىسى، قىرغىز يېزىقىدا 8 ھەرپ بەلگىسى تولۇقلاندى. جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكى، دانىيىنىڭ كوپىنھاگىندا 9 - ئاينىڭ 13 — 16 - كۈنىگىچە ئېچىلغان ISO/IECJTC/SC2WG2 خەلقئارالىق يىغىنىنىڭ 37 - سانلىق يىغىنىغا قاتنىشىپ، ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز يېزىقلىرىدىكى ھەرپلەرنىڭ خەلقئارالىق رەت نومۇرى بەلگىسى لايىھىسىنى تاپشۇردى. WG2 خەلقئارالىق يىغىندا جۇڭگونىڭ لايىھىسى پرىنسىپ جەھەتتە ماقۇل كۆرۈلدى ھەم يەنىمۇ تەتقىق قىلىپ، كېيىنكى قېتىملىق يىغىندا ھەل قىلىش چارىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدىغانلىقى بىلدۈرۈلدى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كومپيۇتېر مۇتەخەسسىسى ھوشۇر ئىسلام، شىنجاڭ مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتىدىن ياسىن ئىمىن جۇڭگوغا ۋەكىل بولۇپ يىغىنغا قاتناشتى.

چى جيەنجۈن

## خەنزۇ تىلىنىڭ ئورتاق تەلەپپۇزىنى كېڭەيتىش تەشۋىقات ھەپتىلىكى

1999 - يىل 9 - ئاينىڭ 12 — 18 - كۈنىگىچە بولغان ۋاقىت مەملىكەت بويىچە 2 - نۆۋەتلىك خەنزۇ تىلىنىڭ ئورتاق تەلەپپۇزىنى كېڭەيتىش تەشۋىقات ھەپتىلىكى قىلىندى. تەشۋىقات ھەپتىلىكى مەزگىلىدە، ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە نازارىتى، مائارىپ كومىتېتى، كادىرلار نازارىتى، پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمى بىلەن بىرلىكتە، ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا 6 مىنىستىرلىك ۋە كومىتېتنىڭ «خەنزۇ تىلىنىڭ ئورتاق تەلەپپۇزىنى كېڭەيتىش بويىچە 2 - نۆۋەتلىك تەشۋىقات ھەپتىلىكى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى تارقاتتى؛ ئۈرۈمچى شەھىرىدە خەنزۇ تىلىنىڭ ئورتاق تەلەپپۇزىنى كېڭەيتىشنى تەشۋىق قىلىش - مەسلىھەت بېرىش نۇقتىسىدىن 8نى تەسىس قىلىپ، 40 مىڭ تەشۋىقات بويۇمى تارقاتتى، ئورتاق تەلەپپۇزنى كېڭەيتىشكە ئائىت تەشۋىقات رەسىمىدىن 1000 پارچىگە، «تىل - يېزىق گېزىتى»دىن 500 نۇسخىغا، «ئورتاق تەلەپپۇزنى كېڭەيتىش تەشۋىقات قوللانمىسى» دىن 40 پارچىگە مۇشتەرى قوبۇل قىلدى؛ شىنجاڭ خەنزۇ تىل - يېزىق جەمئىيىتى بىلەن بىرلىشىپ، ئورتاق تەلەپپۇزنى كېڭەيتىش بويىچە 2 - نۆۋەتلىك تەشۋىقات ھەپتىلىكى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. بۇ قېتىمقى پائالىيەتتە كەڭ ئىجتىمائىي تەسىر پەيدا بولۇپ، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ تىل - يېزىقنى قېلىپلاشتۇرۇش ئېڭى ئۆستۈرۈلدى.

لى فاڭ

## ئورتاق تەلەپپۇز سەۋىيىسىنى سىناش خىزمىتى

ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى 1999 - يىلى مائارىپ سىستېمىسىدا ئورتاق تەلەپپۇز سەۋىيىسىنى سىناش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەر ۋە بالىلار باغچىسىنىڭ 30 مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچىسى، شىنجاڭ بالىلار پېداگوگىكا مەكتىپى، ئۈرۈمچى پېداگوگىكا مەكتىپى، كەسپىي مائارىپ مەركىزى، كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېت، چوڭلار مائارىپ ئىنستىتۇتى، سانجى پېداگوگىكا تېخنىكومى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ 3000 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئورتاق تەلەپپۇز سەۋىيىسىنى سىنىدى. رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە نازارىتى ئاپتونوم رايوندىكى رادىئو ئىستانسىلىرى، تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىنىڭ خەنزۇ تىلى دىكتورلىرى،

رىياسەتچىلىرىدىن 393نى سىنىدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ دەرىجىلىكلەر بويىچە «A» دەرىجىلىكلەر ئۆلچىمىگە يېتىش نىسبىتى 20.2%، 1 ـ دەرىجىلىكلەر بويىچە «B» دەرىجىلىكلەر ئۆلچىمىگە يېتىش نىسبىتى 90.8% بولدى؛ ئۇيغۇر تىلى دىكتورلىرى، رىياسەتچىلىرىدىن 229نى سىنىدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ دەرىجىلىكلەر بويىچە «A» دەرىجىلىكلەر ئۆلچىمىگە يېتىش نىسبىتى 40.2%، 1 ـ دەرىجىلىكلەر بويىچە «B» دەرىجىلىكلەر ئۆلچىمىگە يېتىش نىسبىتى 98.4% بولدى.

دۆلەت تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتى ئورتاق تەلەپپۇز سەۋىيىسى بويىچە تەربىيىلەش ـ سىناش مەركىزىنىڭ قاتتىق سىناق قىلىشى ئارقىلىق، ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت دەرىجىلىك ئورتاق تەلەپپۇز سەۋىيىسىنى سىنىغۇچى سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى ئالغانلار 60؛ ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ تەربىيىلىشى ۋە تەكشۈرۈشىدىن ئۆتۈپ، ئۆلكە دەرىجىلىك ئورتاق تەلەپپۇز سەۋىيىسىنى سىنىغۇچى سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى ئالغانلار 718.

1999 ـ يىلى ئۆلكە دەرىجىلىك سىنىغۇچى سالاھىيىتى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى 3 قارار ئېچىلىپ، ئاپتونوم رايوندىكى ئالىي مەكتەپلەر ۋە بىر قىسىم ۋىلايەت، ئوبلاستلارغا 183 سىنىغۇچى تەربىيىلەپ بېرىلدى. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەردە ئورتاق تەلەپپۇز سەۋىيىسىنى سىناش مەركىزىدىن 30ى، پونكىتىدىن 50ى قۇرۇلۇپ، ئورتاق تەلەپپۇز سەۋىيىسىنى سىناش خىزمىتىنىڭ تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىندى. بۇ يىل جايلاردىن 8000 دىن ئارتۇق ئادەم ئورتاق تەلەپپۇز سەۋىيىسىنى سىناشقا قاتناشتى.

لى فاڭ

## «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تىلىغا دائىر ئومۇمىي ئەھۋال» ناملىق تېما تاماملاندى

ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتى ئۈستىگە ئالغان دۆلەت دەرىجىلىك تۈر — «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تىلىغا دائىر ئومۇمىي ئەھۋال»نى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش تېمىسى 1999 ـ يىل 11 ـ ئايدا تاماملاندى. بۇ تۈردە ئاخىرقى 2 تەتقىقات نەتىجىسى يارىتىلدى: ئۇنىڭ بىرى، «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تىلىنىڭ جايلىشىش ئەھۋالى ۋە تىل تەرەققىياتىنىڭ يۈزلىنىشى» مۇۋەپپەقىيەت شەكلى بويىچە مەخسۇس ئەسەر 500 مىڭ خەت؛ يەنە بىرى «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تىلىنىڭ جايلىشىش خەرىتىسى» مۇۋەپپەقىيەت شەكلى بويىچە تىلىنىڭ جايلىشىش خەرىتىسى بولۇپ، 52 بەت.

«شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تىلىنىڭ جايلىشىش ئەھۋالى ۋە تىل تەرەققىياتىنىڭ يۈزلىنىشى»نىڭ ئالدىنقى 15 بابىدا ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، خۇيزۇ، قىرغىز، موڭغۇل، شىبە، تاجىك، مانجۇ، ئۆزبېك، رۇس، داغۇر، تاتار، دۇڭشياڭ، سالا تىلىدىن ئىبارەت 15 تىل خاتىرىلەنگەن، قوشۇمچە قىسمىدا ئەينۇ، تۇرك، تۇۋا، تومو تىلىدىن ئىبارەت 4 خىل ئالاھىدە تىل ھادىسىسىنىڭ (ئىشلىتىلىۋاتقان يېزىقنىڭ) ئۆزگىرىش تارىخى شۇنداقلا دۆلەت ھالقىغان مىللەتلەرنىڭ جۇڭگودا ئولتۇراقلاشقان يىل دەۋرى خاتىرىلەنگەن؛ 19 خىل تىلنىڭ مەنبە مۇناسىۋىتى بايان قىلىنغان؛ يۇقىرىقى تىللارنىڭ تاۋۇش، گراماتىكا، سۆزلۈك ئالاھىدىلىكلىرى تونۇشتۇرۇلغان؛ ھەر قايسى تىل رايونلىرى، نۇقتىلىرى ۋە شۇ تىللىق ئاھالىلەرنىڭ تارقىلىشى، ئانا تىلدا، قوش تىلدا سۆزلەش ئەھۋالى، مىللەتلەرنىڭ ئانا تىلى بىلەن يېزىقىنىڭ ھەم قوش تىل قوللىنىش ئەھۋالىنىڭ شىنجاڭدا شەكىللىنىشى، ئىشلىتىلىشى، ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىيات يۈزلىنىشى تەپسىلىي بايان قىلىنغان؛ بىر قىسىم تىللاردىكى شىۋىلەر تونۇشتۇرۇلدى؛ بىر قىسىم تىللارنىڭ شىنجاڭدا ئىشلىتىلىشى شۇنداقلا ئۇ تىلنى ئۆزگە مىللەتلەرنىڭ ئىشلىتىش ئەھۋالى، يوقىلىش تارىخى ۋە ئۆزگىرىش جەريانى بايان قىلىنغان.

«شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تىلىنىڭ جايلىشىش خەرىتىسى توپلىمى» تىل، شىۋە ياكى تىل، شىۋىنىڭ تەلەپپۇزى، گراماتىكا، لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك تارقىلىشىغا دائىر خەرىتىلەر توپلىمى. بۇ جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەت 2 قىسىمغا بۆلۈنىدۇ، بىرى «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تىلىنىڭ جايلىشىش خەرىتىسىنىڭ يېزىقچە ئىزاھاتى»؛ يەنە بىرى شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تىلىنىڭ جايلىشىش خەرىتىسى، ماسشتابى 1:5500000. ئۇنىڭدىكى خەرىتىلەر مۇنۇلار: 19 تىلنىڭ جايلىشىش خەرىتىسى 19 پارچە؛ 4 تىلدىكى شىۋىلەرنىڭ تارقىلىش خەرىتىسى 4 پارچە؛ 19 تىلدا قوش تىل قوللىنىش ئەھۋالىنىڭ جايلىشىش خەرىتىسى 19 پارچە؛ 4 تىلنىڭ ئۆزگە مىللەتلەر تەرىپىدىن ئىشلىتىلىش ئەھۋالى خەرىتىسى 4 پارچە؛ باشقا خەرىتىلەر 6 پارچە.

شيې شىن

# ئىجتىمائىيەت

## نوپۇس، پىلانلىق تۇغۇت

### نوپۇس پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 17 مىليون 750 مىڭ بولغان، مۇشۇ بىر يىلدا 330 مىڭ بوۋاق تۇغۇلغان، نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 18.76‰ بولۇپ، دۆلەت تەرىپىدىن ئاپتونوم رايونغا چۈشۈرۈپ بېرىلگەن پىلان كۆرسەتكۈچىدىن 3.24 پىرو پىرسەنت پۇئىنتى، 1998 - يىلدىكىدىن 0.98 پىروپىرسەنت پۇئىنتى تۆۋەنلىگەن؛ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 11.8‰ بولۇپ، دۆلەت تەرىپىدىن چۈشۈرۈپ بېرىلگەن پىلان كۆرسەتكۈچىدىن 3.2 پىروپىرسەنت پۇئىنتى تۆۋەنلىگەن. 9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ئاپتونوم رايوندا نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتىدە تۇنجى قېتىم تۆۋەنلەش كۆرۈلگەن.

1999 - يىلى ھەممە مىللەتنىڭ بىر پەرزەنتلىك بولۇش نىسبىتى 58.1%، 2 پەرزەنتلىك بولۇش نىسبىتى 26.95%، كۆپ پەرزەنتلىك بولۇش نىسبىتى 14.95% بولغان، 1998 - يىلدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بىر پەرزەنتلىك بولۇش نىسبىتى 1.14 پىرسەنت پۇئىنتى ئۆرلىگەن، 2 پەرزەنتلىك بولۇش نىسبىتى 0.2 پىرسەنت پۇئىنتى تۆۋەنلىگەن، كۆپ پەرزەنتلىك بولۇش نىسبىتى 0.94 پىرسەنت پۇئىنتى تۆۋەنلىگەن. ئاپتونوم رايون بويىچە تۇغۇلغان بوۋاق سانى دۆلەت تەرىپىدىن ئاپتونوم رايونغا چۈشۈرۈپ بېرىلگەن نوپۇس پىلانىدىكىدىن 59 مىڭ بوۋاق ئاز بولغان، 1998 - يىلدىكىدىن 11 مىڭ 400ى ئازايغان؛ پىلانلىق تۇغۇت نىسبىتى 99.29% بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 0.48 پىرسەنت پۇئىنتى ئۆسكەن؛ كېچىكىپ توي قىلغانلارنىڭ نىسبىتى 82.66% بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 2.43 پىرسەنت پۇئىنتى ئازايغان.

دۆلەت پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، ئاپتونوم رايون 2 - ئايدىن ئېتىبارەن ئاپتونوم رايون بويىچە 1990 - يىلدىن بېرى تۇغۇلغان نوپۇسنى ئېنىقلاش، تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. ش ئۇ ئا ر پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ ستاتىستىكا قىلىشىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە تۇغۇلۇپ مەلۇم قىلىنمىغان، يوشۇرۇپ قېلىنغان 390 مىڭ نوپۇس ئېنىقلانغان ۋە تەكشۈرۈپ چىقىلغان.

جاڭ يىشۈن

### پىلانلىق تۇغۇت جەمئىيىتى تەشكىلىي رەھبەرلىك خىزمىتى

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 1999 - يىل 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايون بويىچە پىلانلىق تۇغۇت خىزمەت يىغىنى ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدىكى قوش ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئۆتكۈزدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قېيۇم باھاۋۇدۇن، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەتتىمىن زاكىرلار يىغىندا قاتنىشىپ سۆز قىلدى ھەمدە دۆلەت تەرىپىدىن تەقدىرلەنگەن 4 ئىلغار كوللېكتىپ، 9 ئىلغار خىزمەتچى ۋە ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن تەقدىرلەنگەن 55 ئىلغار كوللېكتىپ، 32 ئىلغار خىزمەتچى، 200 ئۈلگىلىك خىزمەتچى، 1998 - يىللىق نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت بويىچە نىشانلىق باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى كۆرسەتكۈچىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇندىغان 15 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ھەم شىخەنزە شەھىرى ۋە «ئۈچنى ئاساس قىلىش»نى ئاساسەن ئەمەلگە ئاشۇرغان 34 ناھىيە (شەھەر)گە مۇكاپات بېرىلدى. مۇئاۋىن شۇجى قېيۇم باھاۋۇدۇن يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى.

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 1 - ئاينىڭ 11 - كۈنى پىلانلىق تۇغۇت پەن - تېخنىكىسى خىزمەت يىغىنى ئۆتكۈزدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قېيۇم باھاۋۇدۇن، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەتتىمىن زاكىرلار يىغىنغا قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى. مەتتىمىن زاكىر ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى نامىدىن 1999 - يىلنى «ئاپتونوم رايون بويىچە پىلانلىق تۇغۇت پەن - تېخنىكا مۇلازىمىتى يىلى» دەپ جاكارلىدى.

ئاپتونوم رايون 3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى پىلانلىق تۇغۇت پەن - تېخنىكا مۇلازىمىتى بويىچە يۈزلىگەن ئەترەت، تۆمەنلىگەن خادىملارنى يېزىلارغا ئەۋەتىشكە سەپەرۋەر قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزدى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى

مەتبەسىن زاكىر يىغىنغا قاتناشتى ۋە سەپەرۋەرلىك سۆزى سۆزلىدى. يىغىندىن كېيىن شىنجاڭ تېببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى قارىمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانا، 2 - دوختۇرخانا، ش ئۇ ئا ر «خەلق» دوختۇرخانىسى، «دوستلۇق» دوختۇرخانىسى، ش ئۇ ئا ر پىلانلىق تۇغۇت ئىلمىي تەتقىقات ئورنى قاتارلىق ئورۇنلار تەشكىللەپ ئەۋەتكەن 20 پىلانلىق تۇغۇت پەن - تېخنىكا مۇلازىمەت ئەترىتىدىكى 60 تىن ئارتۇق خادىم ئاپتونوم رايوننىڭ جاي - جايلىرىدىكى يېزىلار ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىغا بېرىپ، مۇلازىمەت خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. 3 -، 4 - ئايلاردىلا ئاپتونوم رايوننىڭ جاي - جايلىرىدىن جەمئىي 378 مۇلازىمەت ئەترىتى، 1416 دوختۇر - سېستىرا ئەۋەتىلدى، ئۇلار 3155 قېتىم پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقات پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، 86 مىڭ 98 ئايالنى تۇغۇتنى چەكلەش ئوپېراتسىيىسى قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ كېسەللىنى داۋالىدى، 273 مىڭ 962 ئادەم (قېتىم)گە سۈپەتلىك پەرزەنت كۆرۈش، سۈپەتلىك تەربىيىلەش، جىنسىي ساغلاملىق ھەققىدە مەسلىھەت بەردى.

ش ئۇ ئا ر پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى 4 - ئايدا ھەر قايسى ناھىيىلەردە يېزا، كەنت مۇلازىمەت تورلىرى قۇرۇلۇشى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا ھەيدەكچىلىك قىلىش، جايلارنىڭ خىزمەت داۋامىدا دۇچ كەلگەن مەسىلىلەر ۋە قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن 10 ھەيدەكچىلىك قىلىش - تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللىدى.

جاڭ يىشۈن

## تەشۋىقات، تەربىيە خىزمىتى

ش ئۇ ئا ر پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى 1999 - يىلىنىڭ بېشىدا «شىنجاڭ بويىچە نىكاھ - تۇغۇت يېڭى ئىستىلىنى ھەممە ئائىلىلەرگە ئېلىپ كىرىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش لايىھىسى»نى تۈزۈپ تارقاتتى، جايلارمۇ ئۆز يېرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، يولغا قويۇش لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئۇلگە كۆرسىتىش نۇقتىلىرىنى بەلگىلىدى، يېزا - كەنت مۇلازىمەت پونكىتى (ئىشخانىسى)نى پۇزىتسىيە قىلىپ، تەشۋىقات بۇيۇملىرىنى كەنتلەر ۋە ئائىلىلەرگە ئېلىپ كىرىشنى سىڭدۈرۈش نۇقتىسى قىلىپ، يېزا - كەنت رادىئو ئۇزېللىرى ۋە نوپۇس مەكتەپلىرىنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، نىكاھ - تۇغۇت يېڭى ئىستىلىنى ھەممە ئائىلىلەرگە ئېلىپ كىرىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى — دۇنيا نوپۇسى 6 مىلياردقا يەتكەن كۈنى تېلېۋىزىيە نۇتقى سۆزلىدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قېيۇم باھاۋۇدۇن، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مىجىت ناسىرلار ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن خاتىرىلەش - تەشۋىقات پائالىيىتىگە قاتناشتى. ئاپتونوم رايوننىڭ جاي - جايلىرىدىمۇ سۆھبەت يىغىنى ئېچىش، قارا تاختا گېزىتى مۇسابىقىسى، پىلانلىق تۇغۇتقا بېغىشلانغان رەسىملىك كۆرگەزمە ئۆتكۈزۈش، تەشۋىقات ئاپتوموبىلىنى ئىشقا سېلىش، پىلانلىق تۇغۇت ھەققىدە مەسلىھەت بېرىش نۇقتىسى تەسىس قىلىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق خاتىرىلەش - تەشۋىقات پائالىيەتلىرى قانات يايدۇرۇلدى.

ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن ش ئۇ ئا ر پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى بىرلىكتە ئىنقىلابىي قۇربان ساجىمخان مۇمىننىڭ ئىش - ئىزلىرىدىن دوكلات بېرىش ئۆمىكى تەشكىللىدى، بۇ ئۆمەك ئاپتونوم رايون مىقياسىدا ئۇيغۇر، خەنزۇ تىللىرىدا 42 قېتىم دوكلات بەردى، دوكلاتنى ئاڭلىغۇچىلار 50 مىڭ ئادەمگە يەتتى.

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە «پىلانلىق تۇغۇت سېپى» سەھىپىسىنى ئاچتى، «جۇڭگو نوپۇس گېزىتى» ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە «باشقا بىرلىگەن قىسقا خەۋەرلەر» مۇسابىقە پائالىيىتىنى يولغا قويدى، شۇ يىلى «جۇڭگو نوپۇس گېزىتى»گە ئاپتونوم رايونغا ئائىت 50 نەچچە خەۋەر - ماقالە بېسىلدى، «شىنجاڭ گېزىتى»گە 45 خەۋەر - ماقالە بېسىلدى، خېلى كۆپ خەۋەر - ماقالە مۇكاپاتلاندى. ئاپتونوم رايوندىن تەۋسىيە قىلىنغان 8 خەۋەر - ماقالە (بۇنىڭ 4ى گېزىت، ژۇرناللارغا بېسىلغان، 2 سى رادىئودا ئاڭلىتىلغان، 2 سى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا كۆرسىتىلگەن) 5 - نۆۋەتلىك جۇڭگو نوپۇس ئاخباراتى مۇكاپاتىغا تاللاشقا قاتناشتۇرۇلدى. بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك پىلانلىق تۇغۇت ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكىدە ئاپتونوم رايوندىن تاللىنىپ ئەۋەتىلگەن «ياخشىنىم» ناملىق كونسېرت 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، ش ئۇ ئا ر پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 1999 - يىلى «غەمخورلۇق» ناملىق فوتو سۈرەت مەملىكەتلىك نوپۇس كەسپىي گېزىتلىرى ئاخبارات سۈرىتى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ «شىنجاڭدىكى پىلانلىق تۇغۇت كادىرلىرى يېقىملىق، ھۆرمەتكە لايىق ۋە ھەممىدىن سۆيۈملۈك»، «شىنجاڭدا پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى پۇختا ئىشلەندى، ئۇنى تىرىشىپ يەنە يۇقىرى كۆتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ»، «جۇڭخۇا پىلانلىق تۇغۇت ئىشىغا ئۆزىنى بېغىشلاشنىڭ شانلىق ئۈلگىسى» دېگەن خەۋەرلەر كەسپىي نوپۇس گېزىتلىرى بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، «يۇمران مايسىدا جىلۋىلەنگەن باھار نۇرى» 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ تېلېۋىزىيە مەخسۇس فىلىمى

«شىېرىن ئۆجمە» 7 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو نوپۇس مەدەنىيىتى مۇكاپاتى بويىچە 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ش ئۇ ئا ر پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقات ـ تەربىيە مەركىزى تەھرىرلەپ تارقاتقان «شىنجاڭ نوپۇسى» گېزىتىمۇ يېرىم ئايلىقتىن ھەپتىلىككە ئۆزگەرتىلدى. ئاپتونوم رايوندا ۋە جايلاردا جەمئىي 3 مىليون 190 مىڭ يۈەن مەبلەغ توپلىنىپ، ئاپتونوم رايوندىكى ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)، ناھىيە (شەھەر) لىك پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقاتى يېتەكچىلىك پونكىت (ئورۇن) لىرىغا تېلېكامېرا، تېلېۋىزور، ياڭراتقۇ، VCD، فوتو ئاپپارات قاتارلىق تەشۋىقات ئۈسكۈنىلىرى سەپلەپ ۋە يېڭىلاپ بېرىلىپ، تەشۋىقات ۋاستىلىرى ياخشىلاندى ۋە سۈپىتى ئۆستۈرۈلدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇتنى باشقۇرۇش يۇمشاق ماتېرىياللىرى جەھەتتە 8 قارار كۇرس ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، 200 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى، ناھىيە، يېزىلارغا 110 كومپيۇتېر سەپلەپ بېرىلدى. 1999 ـ يىلنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە 96 يېزا (بازار، مەھەللە ئىش باشقارمىسى) دا تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللارغا ئائىت باشقۇرۇش يۇمشاق ماتېرىياللىرى كېڭەيتىلدى، ئاساسىي قاتلام نوپۇس خىزمىتى ۋە پىلانلىق تۇغۇتنى باشقۇرۇش تورىدىكى ئۇيغۇرچە يۇمشاق ماتېرىياللار يارىتىلىش ئۈستىدە تۇرماقتا.

جاڭ يىشۈن

## پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىمىتى

ش ئۇ ئا ر پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى 1999 ـ يىلى ناھىيە دەرىجىلىك يېتەكچى پونكىتلارنىڭ ئۆلچىمى، يېزا ـ بازارلىق پىلانلىق تۇغۇت مۇلازىمەت پونكىتى ۋە كەنت پىلانلىق تۇغۇت مۇلازىمەت ئىشخانىسىنىڭ قېلىپى، يېزىلىق پىلانلىق تۇغۇت مۇلازىمەت پونكىتىنىڭ ئۆلچىمىنى تۈزۈپ چىقتى ھەمدە 6 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سەرپ قىلىپ، ئاپتونوم رايوندىكى يېزا (بازار) لىق مۇلازىمەت پونكىتلىرىغا B تىپلىق ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنلۇق تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىسى، ئوپېراتسىيە كارىۋىتى ۋە تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىلىرى قاتارلىقلارنى تولۇقلاپ بەردى. يىل ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقات ـ تېخنىكا يېتەكچىلىك پونكىتىنىڭ %60ى شۇ دەرىجىلىك پونكىت ئۆلچىمىدىكى تەلەپكە يەتتى، 497 يېزا (بازار) پىلانلىق تۇغۇت مۇلازىمەت پونكىتىنى ئۆز ئالدىغا قۇردى، بۇ، ئاپتونوم رايوندىكى يېزا (بازار) لار سانىنىڭ %1.59نى تەشكىل قىلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە %30 يېزا (بازار) لىق پىلانلىق تۇغۇت مۇلازىمەت پونكىتى يېزا دەرىجىلىك پونكىت ئۆلچىمىگە يەتتى، %70 كەنتتە پىلانلىق تۇغۇت مۇلازىمەت ئىشخانىسى قۇرۇلدى.

1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ھەرخىل تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيىسىدىن 249 مىڭ 455ى ئىشلەندى، بۇ، 1998 ـ يىلدىكىدىن 10 مىڭ 619 قېتىم ئازايدى. ئۈنۈمۈپرسال تۇغۇت چەكلەش نىسبىتى %55.82كە يېتىپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن 0.81 پىرسەنت پوئىنتى ئۆستى. ئاپتونوم رايون بويىچە دورا ـ ئەسۋاب ئىشلىتىپ ھامىلىدارلىقتىن ساقلانغان ئادەم (بالىياتقۇ ئىچىگە ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش ئەسۋابى ئورناتقانلار بۇنىڭ سىرتىدا) 263 مىڭ 400 گە يەتتى، ئەمەلىي دورا ئىشلەتكەن ئادەم سانى ئىچىدە قىسقا مۇددەت ئۈنۈم بېرىدىغان دورا ئىشلەتكەنلەر %68.15نى، ئۇزاق مۇددەت ئۈنۈم بېرىدىغان دورا (ئوكۇل) ئىشلەتكەنلەر %23.18نى، سىرتقا ئىشلىتىلىدىغان دورا ئىشلەتكەنلەر %77.9نى، ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش قېپى ئىشلەتكەنلەر %82.55نى تەشكىل قىلىدۇ. دورا ـ ئەسۋاب ئارقىلىق ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش ئۈنۈمۈپرسال تۇغۇت چەكلەش تەدبىرلىرى ئىچىدە %07.14نى ئىگىلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش دورا ـ ئەسۋابلىرىنى ئىشلىتىش نىسبىتى %16.97كە، ئۈنۈم نىسبىتى %55.99كە يەتتى. مۇشۇ يىلى 4 مىليون 530 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى ھەرخىل ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش دورا ـ ئەسۋابى يۆتكەپ كېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە بالىياتقۇ ئىچىگە ئورنىتىلىدىغان تۇغۇت چەكلەش ئەسۋابىنىڭ قىممىتى 420 مىڭ يۈەن بولۇپ، پىلان %88 ئورۇندالدى؛ ئۇزاق مۇددەت ئۈنۈم بېرىدىغان دورا (ئوكۇل) نىڭ قىممىتى 718 مىڭ 300 يۈەن بولۇپ، پىلان %100 ئورۇندالدى؛ سىرتقا ئىشلىتىلىدىغان دورا قىممىتى 287 مىڭ 300 يۈەن بولۇپ، پىلان %100 ئورۇندالدى؛ ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش قېپىنىڭ قىممىتى 2 مىليون 125 مىڭ يۈەن بولۇپ، پىلان %81 ئورۇندالدى. جايلارغا 4 مىليون 186 مىڭ 100 يۈەن قىممىتىدىكى ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش دورا ـ ئەسۋابى يۆتكەپ بېرىلدى.

جاڭ يىشۈن

## پىلانلىق تۇغۇتتا «ئۈچنى ئاساس قىلىش» ئۆلچىمىگە يەتكەن ناھىيىلەر

1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ جاي ـ جايلىرىدا «ئاپتونوم رايوننىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدە ‹ئۈچنى ئاساس قىلىش، ئومۇمىي پىلانى ۋە ئۆلچىمى» ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، پىلانلىق تۇغۇتتا «ئۈچنى ئاساس قىلىش» ئۆلچىمىگە يەتكەن ناھىيىلەرنى بەرپا قىلىش پائالىيىتى پائال قانات يايدۇرۇلدى. سىناپ كۆرۈپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئارقىلىق ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تۇرپان شەھىرى، پىچان ناھىيىسى، قۇمۇل شەھىرى، ئارا تۈرۈك

ناھىيىسى، ئارشالڭ ناھىيىسى، ماناس ناھىيىسى، مورى ناھىيىسى، كۆچۆڭ ناھىيىسى، غۇلجا شەھىرى، چاپچال ناھىيىسى، ... قوبۇقسار ناھىيىسى، قابا ناھىيىسى، كۆكتوقاي ناھىيىسى، لوپنۇر ناھىيىسى، چەرچەن ناھىيىسى، بۆگۈر ناھىيىسى، خوشۇت ناھىيىسى، خېجىڭ ناھىيىسى، كورلا شەھىرى، موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى، توققۇز تارا ناھىيىسى، چاپچال ناھىيىسى، غۇلجا ناھىيىسى، كۈنەس ناھىيىسى، ئاقتۇ ناھىيىسى، ئاتۇش شەھىرى، ئاۋات ناھىيىسى، قەشقەر شەھىرى، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى، يېڭىسار ناھىيىسى، كەلپىن ناھىيىسى، لوپ ناھىيىسى، كېرىيە ناھىيىسى، خوتەن ناھىيىسىدىن ئىبارەت 34 ناھىيە (شەھەر) گە «1999 - يىللىق پىلانلىق تۇغۇتتا ئۈچنى ئاساس قىلىش، ئۆلچىمىگە يەتكەن ناھىيە (شەھەر)» دەپ نام بەردى.

جاڭ يىشۈن

## ئىلغارلار تەقدىرلەندى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى يىغىنى ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدىكى قوش ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنىدا ئاپتونوم رايوندىكى 55 ئورۇن، 32 شەخس تەقدىرلەندى.

ئاپتونوم رايون بويىچە پىلانلىق تۇغۇت سىستېمىسىدىكى ئىلغار كوللېكتىپلار

ئۈرۈمچى شەھىرى تىيانشان رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى، يېڭىشەھەر رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى، سايباغ رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى، ئۈرۈمچى ناھىيىسى چىداۋان يېزىلىق پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى، تېكەس ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى، قورغاس ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى، غۇلجا ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى، چاپچال ناھىيىسى دۆيچىنىزۇ يېزىلىق پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى، ئالتاي ۋىلايەتلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى، بۇرچىن ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى، بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى جەتئارال يېزىلىق پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى، چاپچال ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى، ساۋەن ناھىيىسى ئۇلانئۇس بازارلىق پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى، قوبۇقسار ناھىيىسى بوستۇڭگى چارۋىچىلىق فېرمىسى پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى، بورتالا شەھەرلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى، جىڭ ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا يېتەكچىلىك پونكىتى، ئارشالڭ ناھىيىسى تاشۇ يېزىلىق پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى، سانجى ئوبلاستلىق پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى، قۇتۇبى ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى، جىمسار ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى، مىچۈەن شەھەرلىك پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا يېتەكچىلىك پونكىتى، غۇلجا شەھىرى زىنچۈەنزى بازارلىق پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى، تۇرپان شەھەرلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى، توقسۇن ناھىيىسى شاھ يېزىلىق پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى، قۇمۇل شەھەرلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى، قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى، باركۆل ناھىيىسى كۆيسۇ يېزىلىق پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى، چاقىلىق ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى، خېجىڭ ناھىيىسى بالغۇنتاي بازارلىق پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى، باغراش ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقات - تېخنىكا يېتەكچىلىك ئورنى، توقسۇ ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى، باي ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقات - تېخنىكا يېتەكچىلىك پونكىتى، ئۇچتۇرپان ناھىيىسى ئوتبېشى يېزىلىق پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى دورا - ئەسۋاب پونكىتى، يوپۇرغا ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت ئىدارىسى، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقات - تېخنىكا يېتەكچىلىك پونكىتى، يەكەن ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى، پەيزاۋات ناھىيىسى يېڭىمەھەللە يېزىلىق پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى، ئۇلۇغچات ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى، ئاقچى ناھىيىسى قاراچى يېزىلىق پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى، ئاتۇش شەھىرى ئازاق يېزىلىق پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى، نىيە ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى، چىرا ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى، لوپ ناھىيىسى هاڭگىيا يېزىلىق پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى، كېرىيە ناھىيىسى ئاچچان يېزىلىق پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى، شىخەنزە شەھەرلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى، قاراماي شەھەرلىك نېفىت ئېلىش 3 - زاۋۇتى پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 10 - شىسى 187 - تۇەن - مەيدان 11 - ليەنى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 1 - شىسى 3 - تۇەن - مەيدان 9 - ليەنى، ئاتۇش شەھەرلىك پىلانلىق تۇغۇت جەمئىيىتى، شىنجاڭ سودا شەھەرچىسى پىلانلىق تۇغۇت جەمئىيىتى، «جۇڭگو نوپۇس گېزىتى» شىنجاڭ مۇخبىرلار پونكىتى.

ئاپتونوم رايون بويىچە پىلانلىق تۇغۇت سىستېمىسىدىكى خىزمەت ئىلغارلىرى

خۇ شيەنجى (ئايال، ئۈرۈمچى شەھىرى دۆڭمەن رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى)، دىلبەر جىلانوف (ئۈرۈمچى شەھەرلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى قانۇن - نىزام بۆلۈمىنىڭ باشلىقى)، چېن چاۋخۇي (ئايال، ئۈرۈمچى ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى)، جاۋ يەنچيۇ (ئايال، ئىلى ۋىلايەتلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلغۇچىسى)، چېن جىڭ (ئايال، نىلقا ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ

مۇدىرى)، ۋېي يەن (ئايال، غۇلجا ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى)، بۇخەلىچە تالىپ (توققۇزتارا ناھىيىسى دۆڭمەھەللە يېزىلىق پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسىنىڭ ياردەمچى خادىمى)، خۇ گۈيفاڭ (ئايال، بۇرۇلتوقاي ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى)، جياڭ يۈجۈ (ئايال، بۇرچىن ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى)، لۇ جىڭگۈي (ئايال، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى)، چياۋ لىپەن (ئايال، موڭغۇل، شىخو شەھىرى خاتۇبۇخ بازارلىق پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى)، چياۋ يەنفاڭ (ئايال، بورتالا ئوبلاستلىق پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ بۆلۈم ئەزاسى)، يۈەن جىنخۇا (ئايال، فۇكاڭ شەھەرلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى)، ياڭ لى (ئايال، خۇيزۇ، سانجى ئوبلاستلىق پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)، گۇ جىنلىڭ (ئايال، مىچۈەن شەھەرلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى)، ۋاڭ شيۇجېن (ئايال، توقسۇن ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى)، ۋاڭ جىنرۇ (ئايال، قۇمۇل ۋىلايەتلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ ياردەمچى تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلغۇچىسى)، لياڭ جەنچى (ئەر، خوشۇت ناھىيىسى تاغارچى يېزىلىق پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)، جاۋ يۈلەن (ئايال، خۇيزۇ، يەنجى ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى)، جاڭ تىڭلەن (ئايال، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پىلانلىق تۇغۇت يېتەكچىلىك ئورنىنىڭ باشلىقى)، سىدىق تۆمۈر (شايار ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى)، ئازادەم تەۋەككۈل (ئونسۇ ناھىيىسى ئونسۇ بازارلىق پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى)، گۈلنىسا ياسىن (قەشقەر ۋىلايەتلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى)، تۇرغۇن تۇرسۇن (مارالبېشى ناھىيىسى ئالاغىر يېزىلىق پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسىنىڭ مەخسۇس كادىرى)، مەمتىمىن سادىر (يەكەن ناھىيىسى باغئاۋات يېزىلىق پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى)، تەن فېڭنەن (ئايال، قەشقەر ۋىلايەتلىك پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقات - تېخنىكا يېتەكچىلىك ئورنىنىڭ باشلىقى)، دىڭ يۈچىڭ (ئايال، خۇيزۇ، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى)، ليۇ يۈمىن (ئايال، لوپ ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)، زىننەتخان قۇربان (چىرا ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى)، گو يۈن (ئايال، شىخەنزە شەھەرلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىر بۆلۈم ئەزاسى)، ۋاڭ يۈپىڭ (ئايال، قاراماي شەھىرى قاراماي رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى)، لى يى (ئايال، كۈيتۇڭ شەھەرلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى).

**دۆلەت تەرىپىدىن تەقدىرلەنگەن ئىلغار كوللېكتىپلار**

قەشقەر ۋىلايەتلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى، ئىلقا ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى، بارىكۆل ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا يېتەكچىلىك ئورنى.

**ئىلغار خىزمەتچى**

شى فېڭئې (ئايال، قۇتۇبى ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى).

**مۇنەۋۋەر خىزمەتچىلەر**

جاڭ شيۇلى (ئايال، بايىنغولىن ئوبلاستلىق پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى)، رىشات ئىنايىتىللا (ج ك پ ئۈرۈمچى شەھەرلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى)، تۇرغان پىدا (قورغاس ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى)، توختىگۈل (ئۈچتۇرپان ناھىيىسى يېڭىئاۋات يېزىلىق پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى)، مۇقاش ئەمەت (ئاقچى ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى)، لياۋ گوپىڭ (ئايال، دۆربىلجىن ناھىيىسى دۆربىلجىن بازارلىق پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى).

جاڭ يىشۈن

## دۆلەت پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جاۋ بىڭلى شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى

دۆلەت پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جاۋ بىڭلى 1999 - يىل 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە مەملىكەتلىك پىلانلىق تۇغۇت ستاتىستىكا مەلۇماتلىرىنى جەملەپ تەكشۈرۈش يىغىنى مەزگىلىدە شىنجاڭدىكى ئىلى، قەشقەر ۋىلايەتلىرى ۋە شىخەنزە شەھىرىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈردى.

ئۇ ئىلى ۋىلايىتىدە بولغان مەزگىلدە غۇلجا ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت يېتەكچىلىك پونكىتى، غۇلجا شەھىرىنىڭ يېڭىيەر يېزىسىغا بېرىپ، ئەمەلىي كۆزدىن كەچۈردى. جاۋ بىڭلى قەشقەر ۋىلايىتىدە بولغان مەزگىلدە پەيزاۋات ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدىن قىلغان دوكلاتىنى ئاڭلىدى ۋە 1999 - يىلدىكى يەر تەۋرەشتە ئاپەت ھەممىدىن ئېغىر كۆرۈلگەن يېزا - كەنتلەرگە بېرىپ، ئاساسىي قاتلامدىكى پىلانلىق تۇغۇت كادىرلىرى ۋە پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويغان ئائىلىلەرنى يوقلىدى.

جاڭ يىشۈن

## جۇڭگو پىلانلىق تۇغۇت جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىقى ليۇ خەنبىن شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى

جۇڭگو پىلانلىق تۇغۇت جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا

مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىقى ليۇ خەنبىن 1999 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن 28 ـ كۈنىگىچە مەملىكىتىمىزدىكى قىسمەن ئۆلكە دەرىجىلىك پىلانلىق تۇغۇت جەمئىيەتلىرىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىقلىرى سۆھبەت يىغىنى مەزگىلىدە ش ئۇ ئا ر پىلانلىق تۇغۇت جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىقى شى ۋېنخۇا، پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھەسەن ئايۇپ، مۇئاۋىن مۇدىرى ئامىنە ھوشۇرلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ش ئۇ ئا ر پىلانلىق تۇغۇت جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇ ئۆزۈمچىدە بولغان مەزگىلدە سايباغ رايونى شىمالىي «دوستلۇق» كوچىسى ئاھالە كومىتېتى ۋە يېڭىشەھەر رايونىغا بېرىپ، پىلانلىق تۇغۇت جەمئىيىتىنىڭ ياشانغانلار يۇرۇشلۇك ياتاق بىناسى، مەھەللىلەردىكى يۈرۈشلەشكەن مۇلازىمەت خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈردى.

ليۇ خەنبىن قەشقەر ۋىلايىتىدە بولغان مەزگىلدە يوپۇغا ناھىيىسىدىكى تېرىم بېزىسىنىڭ ماشىنىگىز كەنتى، بايئاۋات يېزىسىنىڭ 10 ـ كەنتىگە بېرىپ، جەمئىيەت خىزمىتى توغرىسىدا ئەھۋال ئىگىلىدى. ئۇ كۆزدىن كەچۈرۈش جەريانىدا جەمئىيەتنى كۈچەيتىپ، بەزى تۈرلەرنى يولغا قويۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدا پىلانلىق تۇغۇت جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ يېڭى يولىنى ئۈستىدە ئەستايىدىل ئىزدىنىپ كۆرۈشنى تەلەپ قىلدى.

جاڭ يىشۈن

# كادىرلار ئىشلىرى

## ئىختىساسلىقلار بازىرىنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالى

1999 ـ يىلى شىنجاڭ ئىختىساسلىقلار بازىرىغا 150 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ئالماشتۇرۇش زالىغا كەڭ ئېكرانلىق كۆرسىتىش ئۈسكۈنىسى ئورنىتىلدى، بۇ ئۈسكۈنە ھەر بازار كۈنىدە كۈنبويى ئىشقا سېلىنىپ، 8145 تەكلىپ قىلىش ئۇچۇرىدىن 8145 ئۇچۇر (قېتىم) تارقاتتى. 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن ئېتىبارەن بازار كۈنى كۆپەيتىلىپ، ئىختىساسلىقلار بازىرىدا يەنە ھەر پەيشەنبە كۈنى، ئىختىساسلىقلار بازىرىنىڭ شۆبىسىدە يەنە ھەر چارشەنبە كۈنى بازار كۈنى قىلىندى، جەمئىي 104 قېتىم ئىختىساسلىقلار بازىرى ۋە مەخسۇس تەكلىپ قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، 10 قېتىم ئىختىساسلىقلارنى تەكلىپ قىلىش مەخسۇس يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، جەمئىي 2619 ئورۇن بازارغا كىرىپ تەكلىپ قىلدى، 11 مىڭ 651 ئېھتىياجلىق ئىش ئورنى چىقتى، بۇنىڭ ئىچىدە مالىيە ـ بوغالتىرلىق، كومپيۇتېر، بىناكارلىق، باشقۇرۇش، كاتىپلىق، ماركېتنىڭ كەسىپلىرى ئاساسلىق بازىرى ئىتتىك كەسىپلەر بولدى. جەمئىي 35 مىڭ 989 ئادەم (قېتىم) ئىختىساسلىقلار بازىرىغا بېرىپ، ئالماشتۇرۇش ۋە كېڭەشكە قاتناشتى (بۇنىڭ ئىچىدە ئىختىساسلىقلار بازىرىنىڭ شۆبە بازىرىدىكىسى 15 مىڭ 444 ئادەم ـ قېتىم). كادىرلار نازارىتى ۋە ش ئۇ ئا ر پاتېنت ئىدارىسى پاتېنت تېخنىكىسى ئىختىساسلىقلار بازىرى ئېچىپ، پاتېنت ھوقۇقى ئىگىدارلىرىغا 100 نۇسخىدىن ئارتۇق تېخنىكا مەھسۇلاتلىرىنى ئۆتكۈنۈپ بېرىش، ئالماشتۇرۇش ئۇقتۇرۇشى تارقىتىپ بەردى. 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى شىنجاڭ ئىختىساسلىقلار بازىرىنىڭ تور ـ پونكىتى ئىشقا كىرىشىپ، ئادەم ئىشلىتىدىغان ئورۇنلار تور مۇلازىمىتى بىلەن تەمىن ئېتىلدى، جەمئىي 114 ئورۇننىڭ 223 نۇسخا تەكلىپ قىلىش ئۇچۇرى، 1800 نۇسخا خىزمەت تەلەپ قىلىش ئۇچۇرى تارقىتىلدى، خىزمەت تەلەپ قىلىش قىزىق لىنىيە تېلېفونىدىن 2000 ى قوبۇل قىلىندى.

6 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىدىن 20 ـ كۈنىگىچە ئاپتونوم رايوندىكى غەيرى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى كارخانىلارنىڭ 99' ياز پەسىللىك ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوملارنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى تەكلىپ قىلىش ـ ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، يىغىنغا 9 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، 31 ناھىيىدىكى ۋە بىڭتۇەن سىستېمىسىدىكى 101 كارخانا، كەسپىي ئورۇن قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكتىكى ئورۇن 81. ئالماشتۇرۇشقا 6013 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە %95تىن ئارتۇقى شۇ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوملارنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە 5 ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلار، جەمئىي 52 ئورۇن ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان 702 ئوقۇغۇچى بىلەن دەسلەپكى قەدەمدىكى مۇددىئا كېلىشىمى ھاسىل قىلدى.

10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىن 17 ـ كۈنىگىچە 99' كۈز پەسىللىك ئاپتونوم رايونلۇق ئىختىساسلىقلارنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، يىغىنغا 15 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، 39 ناھىيە (شەھەر، رايون) دىكى ۋە بىڭتۇەندىكى 197 كارخانا، كەسپىي ئورۇن قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكتىكى ئورۇن %57نى، دۆلەت كارخانا ئورۇنلىرى %22نى، كەسپىي ئورۇنلار %21نى تەشكىل قىلىدۇ. ھەرخىل ئىختىساسلىقلاردىن 8018 ئادەم (قېتىم) يىغىنغا قاتناشتى، 5771 ئادەم (قېتىم) ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ تىزىمغا ئالدۇردى، 1066 ئادەمنىڭ ئىش ئورنى مۇددىئاسى دەسلەپكى قەدەمدە ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، 291 ئادەمگە (كارخانىدىكىسى 179، كەسپىي ئورۇندىكىسى 112)

تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىش رەسمىيىتى بېجىرىپ بېرىلدى.

1999 - يىلى كارخانىلاردا كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى، باشقۇرۇش خادىملىرىنى قوبۇل قىلىپ (تەكلىپ قىلىپ) ئىشلىتىشتە مۇھىم ھالقىنى چىڭ تۇتۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلدى. شۇ يىلى ھەرخىل كارخانىلارغا قوبۇل قىلىنىپ (تەكلىپ قىلىنىپ) ئىشلىتىلىدىغان كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى، باشقۇرۇش خادىملىرىدىن 190 ئادەمگە تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ۋە توختامغا ئىمزا قويۇش رەسمىيىتى بېجىرىپ بېرىلدى، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى ناھىيە، يېزا كارخانىلىرىدا ئىشلەۋاتقان 647 ئادەمگە قوبۇل قىلىپ ئىشلىتىش رەسمىيىتى بېجىرىپ بېرىلدى.

پېڭ كېجىڭ، تاڭ شياۋبىڭ

## جەددىي ئېھتىياجلىق ۋە قىس بولۇۋاتقان ئىختىساسلىقلار تەربىيىلەندى ۋە كىرگۈزۈلدى

1999 - يىلى كادىرلار نازارىتى چەت - ياقىغا جايلاشقان جاپا - مۇشەققەتلىك ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ئىختىساسلىقلارغا بولغان ئېھتىياجى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئادەم ئەۋەتىپ بېيجىڭدا مەملىكەتلىك 99' ئەتىياز پەسىللىك ئىختىساسلىقلارنى ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا، شىئەندە 99' ئەتىياز پەسىللىك جۇڭگو شىئەن ئىختىساسلىقلارنى ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا قاتناشتۇرۇپ، سانجى ئوبلاستى، بايىنغولىن ئوبلاستى، خوتەن ۋىلايىتىدىكى قىممەن كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارغا ئىختىساسلىقلارنى كىرگۈزۈپ بەردى، تيەنجىندە 99' بوخەي ئىختىساسلىقلارنى ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا قاتناشتۇرۇپ، قەشقەر، ئارباغاتاي ۋىلايەتلىرىگە جەددىي ئېھتىياجلىق ۋە قىس بولۇۋاتقان ئىختىساسلىقلارنى كىرگۈزۈپ بەردى. شۇ جايدىكى ئىختىساسلىقلار ئاپپاراتلىرىنىڭ ياردەم بېرىشى ۋە ماسلىشىشى ئارقىسىدا، خەۋەر تارقىتىش، ئالىي مەكتەپلەرگە بېرىش، مەخسۇس تەكلىپ قىلىش يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇش ۋە ئىختىساسلىقلارنى ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىش قاتارلىق شەكىللەر قوللىنىلىپ، 1500 دىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، 16 كەسىپتىكى 203 ئادەم شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەت ئىشلەش مۇددىئاسىنى بىلدۈرۈپ تىزىمغا ئالدۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق كۇرس مەلۇماتىدىكىلەر 99 بولۇپ، %48نى تەشكىل قىلىدۇ، شۇ جايدىلا 100 دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ شىنجاڭغا خىزمەت ئىشلەشكە كېلىشى بېكىتىلدى؛

يېزا - بازار كارخانىلىرى ۋە كوللېكتىپ كارخانىلارنىڭ ئىختىساسلىقلارغا مۇھتاج بولۇۋاتقانلىق ئەھۋالىغا ئاساسەن، ش ئۇ ئا ر يېزا - بازار كارخانىلىرى ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ باشلىق (دىرېكتور) لىرى كۇرسىدىن 2 قارار ئۇيۇشتۇرۇلدى، بۇ ئارقىلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە خەنزۇلاردىن بولغان كارخانا باشقۇرۇش خادىمىدىن 169ى تەربىيىلەندى. ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار نازارەت، ئىدارىلەر، ئالىي مەكتەپلەر، ئىلمىي تەتقىقات ئورۇنلىرى، چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلاردىن چەت - ياقىغا جايلاشقان نامرات ناھىيە (شەھەر) لەرگە كەسپىي ماس كېلىدىغان 64 يەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىم (شەھەر باشلىقى) تاللاپ ئەۋەتىلدى ھەمدە يەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىملار (شەھەر باشلىقلىرى) نى تەربىيىلەش كۇرسى ئۇيۇشتۇرۇلدى.

پېڭ كېجىڭ، تاڭ شياۋبىڭ

## كادىرلار ئىشلىرى بويىچە ۋاكالەتچىلىك خىزمىتى

1999 - يىلى كادىرلار نازارىتى ئاممىدىن 6000 دىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) نى كۈتۈۋالدى. خادىملار ئارخىپىدىن 1062 نۇسخا قوشۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە كادىرلارنىڭ ئارخىپى 410 نۇسخا، ئىشچىلارنىڭ ئارخىپى 123 نۇسخا، سالاھىيىتى يوقلارنىڭ ئارخىپى 339 نۇسخا، بوغالتىرلىق ئورنىدىكىلەرنىڭ ئارخىپى 190 نۇسخا؛ ئارىلىقتىكى ئارخىپ 10 نۇسخا؛ يۆتكەلگەنلەر ئارخىپى 156 نۇسخا. 30 ئورۇن ۋاكالەتچىلىكنى ھاۋالە قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1999 - يىلى قوشۇلغىنى 20. ھاۋالە قىلغان بارلىق ئورۇنلارغا كادىرلار ئىشلىرى ۋاكالەتچىلىك كېلىشىمنامىسى تارقىتىپ بېرىلدى. 24 بوغالتىرلىق ئورنى كادىرلار ئىشلىرى مۇناسىۋىتىدە ۋاكالەتچىلىك قىلىپ بېرىشنى ھاۋالە قىلدى.

ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە چەت ئەلگە چىقىدىغان خادىملارنى سىياسىي جەھەتتىن تەكشۈرۈش خىزمىتىدە مۇھىم ھالقا چىڭ تۇتۇلۇپ، 43 نۇسخا ئارخىپ تەكشۈرۈلۈپ، 43 كىشىگە چەت ئەلگە چىقىش مۇناسىۋىتى بىلەن سىياسىي جەھەتتىن تەكشۈرۈش رەسمىيىتى بېجىرىپ بېرىلدى.

1999 - يىل 4 -، 5 - ۋە 10 - ئايدا تۇراقسىز خادىملار ئۇنۋان ئېلىش يۈزىسىدىن چەت ئەل تىلى (خەنزۇچە) ئىمتىھانىغا، ئاپتونوم رايوننىڭ سەھىيە كەسپىي تېخنىكا سالاھىيىتى ئىمتىھانىغا ۋە ئىقتىساد كەسپىي تېخنىكا سالاھىيىتى ئىمتىھانىغا قاتنىشىشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى، بۇنىڭ بىرىنچىسىگە 30 ئادەم، ئىككىنچىسىگە 4 ئادەم، ئۈچىنچىسىگە 43 ئادەم تىزىمغا ئالدۇردى. 9 ئادەمگە ئىقتىساد كەسپىي تېخنىكا سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى بېجىرىپ بېرىلدى.

«كادىرلار ئىشلىرى مۇناسىۋىتىدە ۋاكالەتچىلىك قىلىپ بېرىش ھاۋالە قىلىنغان خادىملارنىڭ كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانى

(سالاھىيىتى) نى باھالاپ بېكىتىشكە ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» ۋە «كادىرلار ئىشلىرى مۇناسىۋىتىدە ۋاكالەتچىلىك قىلىپ بېرىش ھاۋالە قىلىنغان خادىملارنىڭ ئۇنۋانىنى باھالاپ بېكىتىش چارىسى» تۈزۈپ چىقىلدى، قاتتىق تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئارقىلىق سەھىيە، قۇرۇلۇش، بوغالتىرلىق، ئىقتىساد، مۇھەندىسلىك، ئوقۇتقۇچىلىقتىن ئىبارەت 6 سىستېمىغا تەۋە 12 كەسىپتىكى 16 ئادەمنىڭ ئۇنۋان باھالاش ماتېرىيالى يوللاندى، بۇنىڭ ئىچىدە 3 ئادەمگە ياردەمچى ئۇنۋان، 3 ئادەمگە ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋان، 10 ئادەمگە ئالىي دەرىجىلىك ئۇنۋان باھالاپ بېرىلدى. 8 ئادەم ۋەزىپىگە تەيىنلىنىش سالاھىيىتىگە ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ياردەمچى ئىنژېنېر بىر، مەسئۇل ۋراچ بىر، مەسئۇل پراۋىزور بىر، ئالىي ئىنژېنېر 3، ئالىي ئىقتىسادچى 2.

ئۇراقسىز خادىملاردىن جەمئىي 24 كىشىگە ئىجتىمائىي ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى ۋاكالىتەن تاپشۇرۇش رەسمىيىتى بېجىرىپ بېرىلدى، 5 ئادەمگە ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى يۆتكەپ بېرىش رەسمىيىتى بېجىرىپ بېرىلدى. «جىنيۈەن» شىركىتىدىكى 86 ئادەمدىن ئېلىنغان يازما ئىمتىھان، ئېغىزچە ئىمتىھان تەكشۈرۈپ ۋە باھالاپ بېرىلدى.

يېڭ كېچېڭ، تاڭ شياۋبىڭ

## مائاش خىزمىتى

1. كادىرلار نازارىتى 1999 - يىلى گوۋۇيۈەن ئىشخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلغان [1999] 78 - نومۇرلۇق ھۆججەتنىڭ روھىغا ئاساسەن، «ئاپتونوم رايوندىكى ئورگانلار، كەسپىي ئورۇنلاردا 1999 - يىلى مائاش ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىقىش خىراجىتىنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش لايىھىسى»نى مۇھاكىمە قىلىپ تۈزۈپ چىقتى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن بۇ لايىھە ش ھ ئى [1999] 139 - نومۇرلۇق ھۆججەت قىلىنىپ، يولغا قويۇش ئۈچۈن تارقىتىلدى. 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگانلار، كەسپىي ئورۇنلار ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ مائاش خىزمىتى يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا بۇ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

2. ئاپتونوم رايوننىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىدىن يوليورۇق سورىلىپ، ماقۇللۇقى ئېلىنغاندىن كېيىن، ش م ئى ئى [1999] 6 - نومۇرلۇق ھۆججىتى تارقىتىلدى، ھۆججەتتە 1999 - يىلى ئورگانلار، كەسپىي ئورۇنلاردىكى خىزمەتچى خادىملار، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىملاردىن ۋەزىپە مائاش دەرىجىسىنى نورمال ئۆستۈرۈشكە ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىقىش خىراجىتىنى كۆپەيتىشكە مۇۋاپىق كېلىدىغانلىرىغا 1999 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن مائاشى ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىقىش خىراجىتىنى كۆپەيتىپ بېرىشكە بولىدىغانلىقى بەلگىلەندى.

3. ش م ئى ئى [1999] 3 - نومۇرلۇق ھۆججىتى تارقىتىلدى، ئۇنىڭدا كەسپىي ئورۇنلاردىكى خىزمەتچى خادىملار ۋە ئورگانلاردىكى ئىشچىلاردىن 1996 - يىلدىن 1998 - يىلغىچە ئۇدا 3 يىللىق سىناشتا مۇنەۋۋەر بولغانلار ياكى 1998 - يىللىق سىناشتا مۇنەۋۋەر بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ش م ئى ئى [1998] 3 - نومۇرلۇق ھۆججەتتە بەلگىلەنگەن شەرتلەرنى ھازىرلىغانلارنىڭ ۋەزىپە مائاش دەرىجىسىنى 1999 - يىل 1 - ئايدىن ئېتىبارەن مۇددەتتىن بۇرۇن (دەرىجە ئاتلىتىپ) ئۆستۈرۈشكە بولىدىغانلىقى بەلگىلەندى. جەمئىي 7862 ئادەمنىڭ ۋەزىپە مائاش دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى، ئۇلارغا ئېيىغا 408 مىڭ 800 يۈەن مائاش قوشۇلدى.

4. ش ئۇ ئى س [1998] 46 - نومۇرلۇق، [1999] 6 - نومۇرلۇق ھۆججەتلىرىدىكى بەلگىلىمە بويىچە، ئورگانلار، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىشچى تېخنىكلارنى تەربىيىلەش ۋە سىناش خىزمىتى رەسمىي قانات يايدۇرۇلدى. 1999 - يىلى ئاپتوموبىللارنىڭ يېتەكچى شوپۇرلىرىنى ئىش تۈرى بويىچە تەربىيىلەش ۋە سىناش خىزمىتى باشلىنىپ، 250 ئادەم تەربىيىلەندى. مانتيور، ئاشپەز، پارقازان تېخنىكىدىن 37 سى قايتىدىن تەكشۈرۈپ ئېتىراپ قىلىندى.

5. تېخنىكلارنى باھالاش ۋە تەكلىپ قىلىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى يەنىمۇ كېڭەيتىلدى. ش ئۇ ئى س [1999] 40 - نومۇرلۇق ھۆججىتى تارقىتىلىپ، يول ياساش ماشىنىلىرىنى ھەيدەش، تاشيول ئاسراش، مانتيورلۇق، ھەرپ تىزىش - بېسىشتىن ئىبارەت 4 ئىش تۈرىدىكى تېخنىكلارنى باھالاش ۋە تەكلىپ قىلىش خىزمىتى قوشۇلدى.

6. تېخنىكا ئىشچىلىرىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش يۈزىسىدىن تەربىيىلەش، سىناش ۋە گۇۋاھنامە بېرىش خىزمىتى داۋاملىق قانات يايدۇرۇلدى. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ئورگانلار، كەسپىي ئورۇنلاردىن 6082 كىشى ھەر قايسى كەسىپلەر، رايونلار بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئالىي، ئوتتۇرا، تۆۋەن دەرىجىلىك تېخنىكا دەرىجىسى جەھەتتىن تەربىيىلەش ۋە سىناشقا قاتناشتى ھەمدە سىناش ئىشخانىسى بىر تۇتاش تەشكىللىگەن كەسىپ ئەخلاقى ئىمتىھانىغا قاتناشتى. سىناش ئىشخانىسى نەتىجىسى لاياقەتلىك بولغان، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئارقىلىق مۇناسىپ تېخنىكا دەرىجىسى بويىچە ۋەزىپىگە تەيىنلەش سالاھىيىتىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان 5732 تېخنىكا ئىشچىسىغا مۇناسىپ تېخنىكا دەرىجىسى گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بەردى.

7. ش ئۇ ئى س [1998] 4 - نومۇرلۇق، 10 - نومۇرلۇق ھۆججەتلىرىدىكى بەلگىلىمە بويىچە، ئورگانلار، كەسپىي ئورۇنلارغا تەقسىم قىلىنغان تېخنىكا مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار، ھەربىيلىكتىن چېكىنگەن جەڭچىلەر، ھەربىي سەپتىن بوشىغان، كەسىپ ئالماشتۇرغان ھەربىيلەر ھەم كارخانىلاردىن يۆتكىلىپ كەلگەن خادىملارنىڭ قولىدىكى ئەمگەك مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن تارقىتىلغان تېخنىكا دەرىجىسى گۇۋاھنامىسىنى قايتا تەكشۈرۈپ ئېتىراپ قىلىش خىزمىتى داۋاملىق ئىشلەندى. شۇ يىلى 360 ئادەمگە ئەسلىدىكى تېخنىكا دەرىجىسىنى ئېتىراپ قىلىش ۋە گۇۋاھنامە تارقىتىش خىزمىتى بېجىرىپ بېرىلدى.

پېلىڭ كېچېلىڭ، تالىڭ شياۋېلىڭ

## كادىرلارنى پېنسىيىگە چىقىرىش خىزمىتى

1999 - يىلى كادىرلار نازارىتى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك كەسپىي ئورۇنلارنىڭ كېسەللىك سەۋەبىدىن مۇددەتتىن بۇرۇن پېنسىيىگە چىقىرىش ماتېرىيالىدىن 240 نى قوبۇل قىلدى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان 190 ئادەمگە كېسەللىك سەۋەبىدىن پېنسىيىگە چىقىش رەسمىيىتى بېجىرىپ بېرىلدى. ش م ئى ئى [1999] 6 - نومۇرلۇق ھۆججىتى، ش ھ ئى [1999] 139 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىغا ئاساسەن، 1999 - يىلى ئورگانلار، كەسپىي ئورۇنلاردىن پېنسىيىگە چىققان خادىملارغا 2 قېتىملىق پېنسىيە خىراجىتىنى كۆپەيتىپ بېرىشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش خىزمىتى بېجىرىپ بېرىلدى، 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 600 ئورۇننىڭ ئىشى تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى.

پېلىڭ كېچېلىڭ، تالىڭ شياۋېلىڭ

## كادىرلار ئىشىدىكى مۇكاپاتلاش - جازالاش خىزمىتى

1999 - يىل 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئاپتونوم رايون بويىچە «ئاساسىي قاتلامدا يىلتىز تارتىپ، خالىس تۆھپە قوشقان 10 نادىر ھۆكۈمەت چاكىرى» نى تەقدىرلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ يۈنچۈەن رىياسەتچىلىك قىلدى، كادىرلار نازارىتى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ياڭ گاڭ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ۋۇ دېڭيۈن قاتارلىق 10 يولداشقا «ئاساسىي قاتلامدا يىلتىز تارتىپ، خالىس تۆھپە قوشقان ئون نادىر ھۆكۈمەت چاكىرى» دەپ شەرەپ نامى بېرىش توغرىسىدىكى قارارىنى ئوقۇپ ئۆتتى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى خۇ جيايەن يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندىن كېيىن، كادىرلار نازارىتى 10 نادىر ھۆكۈمەت چاكىرىدىن ئۆتۈق سۆزلەش - دوكلات بېرىش ئۆمىكى تەشكىللىدى، ئۆمەك ئۈرۈمچى شەھىرى، ئۈرۈمچى ناھىيىسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا بېرىپ ئىلغارلىق ئىش - ئىزلىرى ئۈستىدە سەييارە دوكلات بەردى، دوكلاتنى 2300 ئادەم ئاڭلىدى. كادىرلار نازارىتى ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن بىرلىكتە «خەلق رازى بولىدىغان دۆلەت مەمۇرى بولۇش، پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى. بۇ پائالىيەت ئۆگىنىش پائالىيىتى، ئەمەلىي ئىش قىلىش پائالىيىتى ھەم «ئاساسىي قاتلامدا يىلتىز تارتىپ، خالىس تۆھپە قوشقان ئون نادىر ھۆكۈمەت چاكىرى» نى باھالاش ۋە تەشۋىق قىلىش، تەقدىرلەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشتىن ئىبارەت 3 قىسىمدىن تەركىب تاپتى. پائالىيەت مەزگىلىدە ئالاقىدار نازارەت، ئىدارىلەر مەملىكەتلىك 2 - نۆۋەتلىك «خەلق رازى بولىدىغان دۆلەت مەمۇرلىرى» نىڭ ئىلغارلىق ئىش - ئىزلىرى بايان قىلىنغان تېلېۋىزىيە، تېلېفون دوكلات يىغىنىنى كۆرۈش، ئاڭلاشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى.

پېلىڭ كېچېلىڭ، تالىڭ شياۋېلىڭ

## كادىرلار ئىشى بويىچە سىناش خىزمىتى

1999 - يىلى كادىرلار نازارىتى ئاپتونوم رايوننىڭ 1998 - يىللىق كادىرلار ئىشى بويىچە سىناش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىدى ۋە ئومۇملاشتۇردى. پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى دۆلەت مەمۇرلىرىدىن سىناشقا قاتنىشىشقا تېگىشلىك ئادەم سانى 146 مىڭ 363 ئىدى، ئەمەلىي قاتناشقان ئادەم 144 مىڭ 782 بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە مۇنەۋۋەر بولغانلار 19 مىڭ 698 بولۇپ، %13.6نى تەشكىل قىلدى؛ لاياقەتلىك بولغانلار 122 مىڭ 12 بولۇپ، %84.3نى تەشكىل قىلدى؛ ئاگاھلاندۇرۇلغان، لاياقەتسىز بولغان، بېكىتىلمىگەنلەر 3072 بولۇپ، %2.1 نى تەشكىل قىلدى. ئاپتونوم رايوندىكى كەسپىي ئورۇنلاردىن سىناشقا قاتنىشىشقا تېگىشلىك ئادەم 443 مىڭ 301 ئىدى، سىناشقا ئەمەلىيەتتە 431 مىڭ 963 ئادەم قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە مۇنەۋۋەر بولغانلار 53 مىڭ 381 بولۇپ، %12.4نى تەشكىل قىلدى؛ لاياقەتلىك بولغانلار 367 مىڭ 306 بولۇپ، %85نى ئىگىلىدى؛ لاياقەتسىز بولغان، ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگەن، بېكىتىلمىگەنلەر 11 مىڭ 276 بولۇپ، %2.6نى تەشكىل قىلدى.

پېلىڭ كېچېلىڭ، تالىڭ شياۋېلىڭ

## كادىرلار ئىشى بويىچە ئىمتىھان ئېلىش خىزمىتى

1999 - يىلى كادىرلار نازارىتى ھەرخىل ئىمتىھاندىن

جەمئىي 24 نى تەشكىللەپ يولغا قويدى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىكى 16، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكى 5، ئالاقىدار نازارەت، ئىدارىلەر ھاۋالە قىلغىنى 3. تەشكىللەپ يولغا قويۇلغان ھەرخىل ئىمتىھانلارنىڭ قاتلىمى ئالىي، كاندىدات ئالىي، ئوتتۇرا، تۆۋەن دەرىجىلەرگە بۆلۈندى، ئىمتىھان خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە ۋە ئىنگلىزچە، ياپونچە، رۇسچە قاتارلىق 12 تىلدا بېرىلدى. ئىمتىھانغا قاتنىشىشقا تىزىمغا ئالدۇرغان ھەرخىل خادىملاردىن 90 مىڭ 832سى قوبۇل قىلىندى؛ 120 پەندىن بېرىلگەن 214 يۈرۈش ئىمتىھان سوئالى، 120 يۈرۈش تەرجىمە ئىمتىھان قەغىزى قوبۇل قىلىندى؛ ھەرخىل ئىمتىھان قەغىزىدىن 48 مىڭ 700 نۇسخا ئىشلەندى، 40 مىڭ 200 نۇسخا ئىمتىھان قەغىزى تەكشۈرۈلدى، 160 مىڭ كارتوچكا ئوقۇپ چىقىلدى، 5102 ئىمتىھان مەيدانى ئىجارىگە ئېلىندى، 500 ئادەم (قېتىم) دىن ئارتۇق ئىمتىھان نازارەتچىسى ئەۋەتىلدى؛ 30 مىڭ 300 نۇسخا ئىمتىھان نەتىجە قەغىزى تارقىتىلدى؛ ئىمتىھانغا كېرەكلىك ھەرخىل كىتابتىن 25 مىڭ 211 نۇسخا تارقىتىلدى. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كادىرلار ئىشى بويىچە ئېلىنىدىغان ئىمتىھاننى كۆزەتكۈچى - نازارەتچىلەرنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق چارىسى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كادىرلار ئىشى بويىچە ئېلىنىدىغان ئىمتىھاندا قەغەز، نومۇر تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق چارىسى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كادىرلار ئىشى بويىچە ئىمتىھان ئېلىش تەرتىپى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كادىرلار ئىشى بويىچە ئىمتىھان ھەققى ئېلىش ئۆلچىمى ۋە ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» ۋە «كادىرلار ئىشى بويىچە ئىمتىھان ئېلىشتىكى ئىلغار ئورۇن، ئىلغار ئىمتىھان ئېلىش خادىملىرىنى باھالاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» قاتارلىق ھۆججەتلەر كەينى - كەينىدىن تارقىتىلىپ، ئىمتىھاننى كۆزەتكۈچى - نازارەتچىلەر قوشۇنى، ئىمتىھان ئورنىدىكى ئىمتىھان ئېلىش قوشۇنى ۋە ئۇزاق مۇددەت ھەمكارلىشىدىغان تېما چىقىرىش قوشۇنى تەشكىل قىلىندى. بۇنىڭدىن باشقا، ئاپتونوم رايوندا كومپيۇتېر يۇمشاق دېتاللىرى سىستېمىسى بەرپا قىلىنىپ، ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىمتىھان قەغىزىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى.

پېڭ كېچېڭ، تاڭ شياۋبىڭ

## دۆلەت مەمۇرلىرى تۈزۈمىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندا دۆلەت مەمۇرلىرى تۈزۈمىنى ئومۇملاشتۇرۇشتا ناھايىتى زور ئىلگىرىلەش بولدى. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگانلاردا بۇ تۈزۈمنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى تاماملاندى، دۆلەت مەمۇرلىرى تۈزۈمى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزغا چۈشتى. قۇمۇل، قەشقەر، تۇرپان، ئۈرۈمچى، ئىلى ۋىلايىتى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر دەرىجىلىك ئورگانلاردا ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى تولۇق ئاياغلاشتى، ناھىيە، شەھەر دەرىجىلىك ئورگانلارنىڭ يېرىمىدىن ئارتۇقى ئەمەلىي تۈرگە ئايرىش خىزمىتى باسقۇچىغا ئۆتتى، ئۈرۈمچى، سانجى، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردىكى ناھىيە دەرىجىلىك ئورگانلار خادىملارنى دۆلەت مەمۇرلىقىغا ئۆتكۈزۈش باسقۇچىغا ئۆتتى. ئاپتونوم رايوندىكى يېزا، بازار ئورگانلىرى تەشۋىق قىلىش، تەربىيىلەش ۋە ئۆتكۈزۈشنى سىناق قىلىش خىزمىتىنى ئاساسەن تاماملىدى، يېزا، بازار ئورگانلىرىدا دۆلەت مەمۇرلىرى تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ۋە باشقۇرۇش تۈزۈمىدىن پايدىلىنىش خىزمىتى تولۇق ئاياغلاشتى، بۇ ئىش ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك كېڭەيتىلمەكتە.

پېڭ كېچېڭ، تاڭ شياۋبىڭ

## كادىرلار ئىشىدىكى ئۇچۇر خىزمىتى

كادىرلار نازارىتى 1999 - يىلى كادىرلار مىنىستىرلىكىنىڭ مەملىكەت بويىچە كادىرلار ئىشىنى باشقۇرۇش ئۇچۇر سىستېمىسىنى قۇرۇش ئومۇمىي پىلانى بويىچە شىنجاڭ كادىرلار ئىشىنى باشقۇرۇش ئۇچۇر تورىنى يارىتىش، لايىھىلەش ۋە شىنجاڭ كادىرلار ئىشىدىكى ئىختىساسلىقلار تور - پونكىت قۇرۇلۇشىغا تەييارلىق كۆرۈش خىزمىتىنى تەشكىللىدى. يېرىم يىلدىن ئارتۇق تىرىشىش ئارقىلىق توردىكى ئىختىساسلىقلار ئامبىرى، قانۇن - نىزام ئامبىرى، ئىمتىھان ئۇچۇرى، مۇتەخەسسىسلەر ئۇچۇرى، كارخانىچىلار ئۇچۇرى قاتارلىق سانلىق مەلۇماتلار ئامبىرى بەرپا قىلىندى. كادىرلار نازارىتى ۋە ھەر قايسى تارماقلارنىڭ ئىش بېجىرىش تۈزۈمى، ئىش بېجىرىش تەرتىپى، ئىش بېجىرىش نەتىجىسى ھەم ئاپتونوم رايوننىڭ ئىچى - سىرتىدىكى كادىرلار ئىشلىرىدىكى ئىسلاھات ھالىتى ئاشكارىلاندى. 12 - ئاينىڭ 16 - كۈنى شىنجاڭ كادىرلار ئىشىدىكى ئىختىساسلىقلار تور - پونكىتى رەسمىي ئىشقا كىرىشتى. 4 ئورۇن ئاپتونوم رايوندا خادىملارنىڭ ئۇچۇرىغا دائىر ئۆل سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قۇرۇلىدىغان سىناق نۇقتىسى قىلىنىشقا تاللاندى. خادىملار ئۇچۇرىغا دائىر تۇپلانغان جەدۋەللەر لايىھىلەندى ۋە بېسىلدى، يۇمشاق دېتاللارنى سىناش خىزمىتى تاماملاندى.

پېڭ كېچېڭ، تاڭ شياۋبىڭ

## دۆلەت سىرتىدىن ئەقلىي كۈچ كىرگۈزۈش خىزمىتى

1. ئەقلىي كۈچ كىرگۈزۈش تۈرلىرىنى يوللاش ۋە تەشكىللەپ يولغا قويۇش ئەھۋالى. 1999 - يىلى ئاپتونوم

رايون بويىچە ئەقلىي كۈچ كىرگۈزۈش تۈرىدىن جەمئىي 365ى يوللاندى (بۇنىڭ ئىچىدە مۇتەخەسسىسلەرنى تەكلىپ قىلىش تۈرى 265، چەت ئەلگە چىقىرىپ تەربىيىلەش تۈرى 100)، تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ۋە تاللاش ئارقىلىق 275 تۈر دۆلەت چەت ئەل مۇتەخەسسىسلىرى ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىغا يوللاندى (بۇنىڭ 215ى مۇتەخەسسىسلەر تۈرى، 60ى چەت ئەلگە چىقىرىپ تەربىيىلەش تۈرى). چەت ئەل مۇتەخەسسىسلىرى ئىدارىسى 208 تۈرنى تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى (بۇنىڭ 189ى مۇتەخەسسىسلەر تۈرى، 19ى چەت ئەلگە چىقىرىپ تەربىيىلەش تۈرى)، بۇنىڭ ئۈچۈن 6 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەخسۇس ياردەم خىراجىتىگە ئېرىشىلدى. مۇشۇ يىلى ئەقلىي كۈچ كىرگۈزۈش تۈرىنىڭ ئىجرا قىلىنىش نىسبىتى %82 بولدى، چەت ئەل مۇتەخەسسىسىدىن 410 ئادەم (قېتىم) شىنجاڭغا كەلدى، 313 ئادەم (قېتىم) چەت ئەلگە چىقىرىلىپ تەربىيىلەندى.

چەت ئەل مۇتەخەسسىسلىرى 27 دۆلەت ۋە رايوندىن كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ كەسپى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، سانائەت، پەن - تېخنىكا، مائارىپ، پۇل مۇئامىلە، قاتناش ۋە باشقۇرۇش قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىلىدۇ، ئۇلار ئاپتونوم رايوننىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش، ھەمكارلىشىپ تەتقىق قىلىش، بىرلىشىپ لايىھىلەش، ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەش قاتارلىق جەھەتلەردە نەتىجە ياراتتى.

9 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە 2000 - يىللىق ئەقلىي كۈچ كىرگۈزۈش تۈرلىرىنى يوللاش پىلان يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئەقلىي كۈچ كىرگۈزۈش تۈرلىرىنى يوللاش خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مەملىكەتلىك چەت ئەل مۇتەخەسسىسلىرىنى تەكلىپ قىلىش تۈرى بويىچە كېڭىشىش يىغىنىغا قاتنىشىشقا ئادەم ئەۋەتىلىپ، 120دىن ئارتۇق كېڭىشىش تۈرى يوللاندى.

2. چەت ئەلگە چىقىرىپ تەربىيىلەش خىزمىتى. 1999 - يىلى دۆلەت چەت ئەل مۇتەخەسسىسلىرى ئىدارىسى 150 ئادەم (قېتىم)نى ئۆز ئىچىگە ئالغان 19 تۈرلۈك چەت ئەلگە چىقىرىپ تەربىيىلەش تۈرىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى. 12 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە 35 ئادەمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 4 تۈر ئىجرا قىلىندى، ھازىر تەشكىللىنىپ يولغا قويۇلۇۋاتقان تۈر 5، چەت ئەلگە 62 ئادەم چىقىرىش پىلانلاندى، باشقا 10 تۈر 2000 - يىلى ئىجرا قىلىشقا يۆتكەلدى. 1998 - يىلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، تۈرلەرنىڭ ئىجرا قىلىنىش نىسبىتى تۆۋەنلىدى. مۇشۇ يىلى 139 ئادەم (قېتىم)نى ئۆز ئىچىگە ئالغان چەت ئەلگە چىقىرىپ تەربىيىلىنىدىغانلارنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش، ئەنگە ئېلىش تۈرىدىن 28 ى ئىجرا قىلىندى. 1998 - يىلدىن 1999 - يىلى ئىجرا قىلىشقا 80 ئادەم (قېتىم)نى ئۆز ئىچىگە ئالغان 11 تۈر يۆتكەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، جۇڭگو خەلقئارا ئىختىساسلىقلارنى ئالماشتۇرۇش جەمئىيىتىنىڭ 16 ئادەمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 5 تۈرلۈك مەخسۇس تەربىيىلەش تۈرى تاماملاندى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ھەرخىل كەسپىي خادىم ۋە باشقۇرۇش خادىمىدىن 313 ئادەم (قېتىم) ئەۋەتىلدى.

3. ئەقلىي كۈچ كىرگۈزۈش نەتىجىلىرىنى كېڭەيتىش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، ئەقلىي كۈچ كىرگۈزۈشتە ئۈلگە كۆرسىتىش بازىسى قۇرۇلدى. 1999 - يىلى كادىرلار نازارىتى روسىيە جىغىنى، ياپونىيە پېدىگىنىنى ئۆلاش تېخنىكىسى (شىمالىي شىنجاڭ ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە)، ئامېرىكىنىڭ كەنجى ئۈزۈمنى ئۇستۇرۇش تېخنىكىسى، ئىسرائىلىيە كېۋىزىنى تېرىش تېخنىكىسى قاتارلىق تۈرلەر بويىچە 6 تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى، بۇ كۇرسلارغا قاتناشقان ئادەم سانى 3000 ئادەم (قېتىم) دىن ئاشتى. ئاپتونوم رايوننىڭ ئەقلىي كۈچ كىرگۈزۈشتە ئۈلگە كۆرسىتىش بازىسىدىن 9ى قۇرۇلدى، دۆلەت چەت ئەل مۇتەخەسسىسلىرى ئىدارىسىگە دۆلەت دەرىجىلىك ئەقلىي كۈچ كىرگۈزۈشتە ئۈلگە كۆرسىتىش بازىسىدىن 7 سى يوللاندى. يېزا ئىگىلىكىدە ئەقلىي كۈچ كىرگۈزۈپ كېڭەيتىش تۈرىدىن 30 نەچچىسى نۇقتىلىق تۇتۇلۇپ، خېلى ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. 17 كارخانا، كەسپىي ئورۇن دۆلەت سىرتىدىن ئەقلىي كۈچ كىرگۈزۈشتە ئۈلگىلىك ئورۇن بولۇپ، 18 ئادەم ئەقلىي كۈچ كىرگۈزۈش خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى.

يىلىڭ كېجىلىڭ، تاڭ شياۋبىلىڭ

## كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتى

1. «221» ئىختىساسلىقلار قۇرۇلۇشى داۋاملىق يولغا قويۇلۇپ، ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەش ۋە ئۇلارنى ئىشقا قويۇش خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى. 1999 - يىلى تۇنجى تۈركۈمدە ئاز سانلىق مىللەتلەر پەن - تېخنىكا تايانچلىرىدىن 216 سىنى ئالاھىدە تەربىيىلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئاساسىدا، 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كادىرلار مىنىستىرلىكى ۋە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بىرلىكتە شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر پەن - تېخنىكا تايانچلىرىنى ئالاھىدە تەربىيىلەش خىزمىتى بويىچە سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى، يىغىندا 1 - تۈركۈمدىكى ئالاھىدە تەربىيىلەش خىزمىتىدىكى تەجرىبىلەر يەكۈنلەندى، 2 - تۈركۈمدىكى ئالاھىدە تەربىيىلەش خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 11 - ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايون بويىچە 2 - تۈركۈمدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر

يەن. ئېچىنكا ئاپاپچىلىرىنى تەۋسىيە قىلىدىغان 312 نۇسخا باھالاپ بېكىتىش ماتېرىيالى يۇقىرىغا يوللاندى، 210 نۇسخا ماتېرىيال مۇھاكىمىگە قويۇلدى. ئالاھىدە تەربىيىلەشكە 112 ئادەم تاللاندى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بىلەن 1998 ـ يىلى دۆلەتكە كۆرۈنەرلىك تۆھپە ياراتقان ياش، ئوتتۇرا ياش مۇتەخەسسىسلەر، ھۆكۈمەتنىڭ ئالاھىدە ياردەم پۇلىدىن بەھرىمەن بولىدىغان خادىملار ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى گېزىتكە بېسىلىپ تەقدىرلەندى. ھۆكۈمەتنىڭ ئالاھىدە ياردەم پۇلى 788 مىڭ يۈەن ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنىڭ مۇكاپات پۇلى 150 مىڭ يۈەن ۋاقتىدا تارقىتىلدى. كادىرلار نازارىتى 1999 ـ يىللىق باھالاپ بېكىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش مەقسىتىدە ش ئۇ ئا ر كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنى مۇكاپاتلاشنى باھالاپ بېكىتىش كومىتېتىنى تەرتىپكە سالدى، دۆلەتنىڭ «يۈز، مىڭ، تۈمەن، قۇرۇلۇشى» نامزاتلىقىغا 3 ئادەمنى، ھۆكۈمەتنىڭ ئالاھىدە ياردەم پۇلىدىن بەھرىمەن بولىدىغان 33 ئادەمنى تاللىدى. ئاپتونوم رايون باشقۇرىدىغان 67 يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇنۋان باھالاپ بېكىتىش كومىتېتى يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەزىپىگە تەيىنلىنىش سالاھىيىتىنى باھالاپ بېكىتىش خىزمىتىنى ئوڭۇشلۇق تاماملاپ، جەمئىي 2975 يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا خادىمنى باھالاپ بېكىتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىك ۋەزىپىگە باھالاپ بېكىتىلگەنلەر 274. ئاپتونوم رايون بويىچە 1999 ـ يىللىق تەمىناتى ئۈستۈرۈلىدىغان ئالىي ئىنژېنېرلار ۋە يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش تەتقىقاتچىلىرىنى تاللاپ باھالاپ بېكىتىش يىغىنى چاقىرىلدى، 20 ئادەمنىڭ ئالىي ئىنژېنېرلىق سالاھىيىتىگە ئېرىشىشى تەستىقلاندى، 14 ئادەمنىڭ يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش تەتقىقاتچىسىلىق سالاھىيىتىگە ئېرىشىشى تەستىقلاندى.

2. ئاپتونوم رايوندىكى كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى تەشۋىق قىلىنىپ ۋە تەقدىرلىنىپ، جەمئىيەتتە «بىلىمگە ھۆرمەت قىلىش، ئىختىساسلىقلارغا ھۆرمەت قىلىش» تەك ياخشى كەيپىيات شەكىللەندى. 1999 ـ يىلى كادىرلار نازارىتى ۋۇ سىجۇ قاتارلىق مەملىكەت بويىچە 10 ئاتاقلىق كەسپىي تېخنىكا خادىمنى شىنجاڭدا دوكلات بېرىش، نۇتۇق سۆزلەشكە ئۇيۇشتۇردى. دوكلات يىغىنىنىڭ كۆلىمى كەڭ، قاتناشقان ئادىمى كۆپ (3000 ئادەمگە يەتتى)، قاتلىمى يۇقىرى (ش ئۇ ئا ر پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ 1 ـ باشلىقلىرى شەخسەن ئۆزى قاتناشتى) بولۇپ، كادىرلار مىنىستىرلىكىنىڭ تەقدىرلىشى ۋە ماختىشىغا ئېرىشتى. تەشكىلات بۆلۈمى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ۋۇ سىجۇ، ليۇ شۇرېنلارنىڭ «دۆلەت قۇرۇلۇش ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى» دېگەن نامغا ئېرىشكەنلىكىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى، سۇن گوچېڭ قاتارلىق 109 ئادەمگە 2000 ـ يىلدىن 2004 ـ يىلغىچە ئاپتونوم رايوندا كۆرۈنەرلىك تۆھپە ياراتقان مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس دەپ نام بېرىش پائالىيىتىنى ئوبدان تەشكىللەشكە ياردەم بېرىلدى. ۋۇ سىجۇ، ليۇ شۇرېنلارغا «دۆلەت قۇرۇلۇش ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى» دېگەن نام بېرىلىپ، ئاپتونوم رايوندىكى كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى قوشۇنىدا قۇرۇلۇش ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى بولماسلىق ئەھۋالىدا بۆسۈش كۆرۈلدى.

3. ئاپتونوم رايوننىڭ ئۇنۋانىنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇپ باھالاش مېخانىزمى خىزمىتى رەسمىي باشلاندى. كادىرلار نازارىتى ئاشكارا، ئادىل ۋە ھەققانىي بولغان ئىجتىمائىي باھالاش مېخانىزمىنى ئورنىتىش ئۈچۈن، 1999 ـ يىلى «ئۇنۋان ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئۇنۋانىنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇپ باھالاش مېخانىزمىنى پەيدىنپەي ئورنىتىش توغرىسىدا يوليورۇق سوراش دوكلاتى»نى يۇقىرىغا يوللىدى، بۇ دوكلات 35 ـ قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىنىپ ماقۇللاندى، ئۇنۋانىنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇپ باھالاش مەركىزى باھالاپ بېكىتىش خىزمىتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىشقا كىرىشتى. يىل ئاخىرىدا كادىرلار مەكتەپلىرى، كارخانىلارنىڭ مەسئۇللىرىنى، تەمىناتى ئۈستۈرۈلگەن ئالىي ئىنژېنېرلارنى، يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش تەتقىقاتچىلىرىنى ۋە ناھىيە، يېزىلارنىڭ يېزا ئىگىلىكىدىكى قىسمەن كەسپلەر بويىچە ئالىي ئۇنۋانىنى باھالاپ بېكىتىش، ئېتىراپ قىلىش خىزمىتى شۇ مەركەزنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ ئىشلىشىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندىكى تولۇق خىراجەتلىك، نورمىلىق خىراجەتلىك كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئىش ئورنىنى ئېنىقلاش ۋە تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش خىزمىتى تاماملاندى، ئىش ئورنى ۋەزىپە سانىنى مىكرولۇق تەڭشەش ۋە تۈۋەنگە چۈشۈرۈش خىزمىتى تاماملاندى.

پىلىڭ كېچىلىڭ، تالىڭ شياۋېلىڭ

## يېتىشتۈرۈش ۋە داۋاملىق تەربىيىلەش ئەھۋالى

1999 ـ يىلى دۆلەت مەمۇرلىرىنى كومپيۇتېر بويىچە تەربىيىلەش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دۆلەت مەمۇرلىرىدىن كومپيۇتېر بويىچە ئىمتىھان ئېلىش سىستېمىسى» يۈمشاق ماتېرىيالىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش تاماملاندى، كومپيۇتېر بويىچە 15 قارار كۇرس ئېچىلىپ جەمئىي 530 ئادەم يېتىشتۈرۈلدى. شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق مەلۇم قىسمىنىڭ كومپيۇتېر بويىچە تەربىيىلەش

خىزمىتىگە ياردەم بېرىلىپ، جەمئىي 17 كوماندىر - جەڭچى، ھەربىيدىن كەسىپ ئالماشتۇرغان 189 كادىر يېتىشتۈرۈلدى. ساھەلەر، نازارەت، ئىدارە، ۋىلايەتلەردىكى كەسىپىي تېخنىكا خادىملىرىنى داۋاملىق تەربىيىلەش يۈزىسىدىن كۇرس ئېچىشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش رەسمىيىتى ۋە مەشغۇلات قائىدىسى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇلدى. 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايوندىكى 30 دىن ئارتۇق ساھەگە مەسئۇل تارماق داۋاملىق تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇردى، تەربىيە ئېلىش دائىرىسى %90كە يەتتى.

پېڭ كېجياڭ، تاڭ شياۋبىڭ

## كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى 3 -، 4 - خىلدىكى رايونلارغا مۇلازىمەت قىلىشقا ئەۋەتىلدى

1999 - يىلىنىڭ بېشىدا كادىرلار نازارىتى «كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنى 3 -، 4 - خىلدىكى رايونلارغا بېرىپ مۇلازىمەت قىلىشقا قەدەملىك ئەۋەتىش توغرىسىدا پىكىر»نى تۈزۈپ چىقتى، بۇ پىكىر ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تارقىتىلىپ، 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن ئېتىبارەن يولغا قويۇلدى. تۇنجى تۈركۈمدە ئەۋەتىلگەن 118 كەسپىي تېخنىكا خادىمى 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ 3 -، 4 - خىلدىكى رايونلىرىغا يۈرۈپ كەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 37 سى خوتەنگە، 35 ى قەشقەرگە ئەۋەتىلدى. بۇ 118 ئادەم ئاپتونوم رايوننىڭ ئىختىساسلىقلار مەركەزلەشكەن نازارەت، ئىدارىلىرى ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئورۇنلىرى، مەكتەپلەردىن كەلگەن. دېھقانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىنلا 56 ئادەم ئەۋەتىلدى. 118 خادىم ئىچىدە ئوتتۇرا، ئالىي ئۇنۋانلىقلار 86 بولۇپ، ئومۇمىي ئادەم سانىنىڭ %72.9نى تەشكىل قىلىدۇ. ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىدىغان 3 - تۈركۈمدىكى 480 كادىرنى تاللاپ ئەۋەتىش خىزمىتىنى ئىشلەشكە ياردەم بېرىلدى.

پېڭ كېجياڭ، تاڭ شياۋبىڭ

## ئورگانلار، كەسپىي ئورۇنلاردىكى شتات سىرتىدىكى خادىملار ۋە ۋاقىتلىق ئىشچىلار ئېنىقلاندى ۋە قايتۇرۇلدى

1999 - يىلى كادىرلار نازارىتى مالىيە نازارىتى قاتارلىق 6 تارماق بىلەن بىرلىكتە ئورگانلار، كەسپىي ئورۇنلاردىكى شتات سىرتىدىكى خادىملار ۋە ۋاقىتلىق ئىشچىلارنى ئېنىقلاش، قايتۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقاردى، 6 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ۋاقىتلىق خادىملار ۋە ۋاكالىتەن دەرس بەرگۈچى ئوقۇتقۇچىلار قاتارلىق 12 مىڭغا يېقىن ئادەم قايتۇرۇلدى، شۇ سەۋەبتىن 40 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مالىيە چىقىمى تېجەپ قېلىندى. 5 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن ئېتىبارەن ئاپپارات ئىسلاھاتى مەزگىلىدە پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، كەسپىي ئورۇنلارغا خادىم يۆتكەش توختىتىلىپ، ئاپپارات ئىسلاھاتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بېرىلدى.

پېڭ كېجياڭ، تاڭ شياۋبىڭ

## ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوملارنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى تەقسىم قىلىش - ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندا ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوملارنى پۈتتۈرگەن 41 مىڭ 300 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى تەقسىم قىلىنىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت پىلانى بويىچە قوبۇل قىلىنىپ ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 29 مىڭ 88 (ھاۋالە بويىچە نىشانلىق يېتىشتۈرۈپ بېرىلگەن ئوقۇغۇچى 4534)، دۆلەتنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش پىلانى ئىچىدە ئۆز خىراجىتى بىلەن ئوقۇشقا قوبۇل قىلىنىپ ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 12 مىڭ 212؛ تولۇق كۇرس، مەخسۇس كۇرسلارنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 15 مىڭ 639، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 25 مىڭ 661. ئاپتونوم رايوندىكى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى تەقسىم قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرىدىغان ھەر دەرىجىلىك مەسئۇل تارماقلار «بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش، مۇۋاپىق ئىشقا قويۇش، مۇھىم نۇقتىنى كۆچەيتىش، ئادەتتىكىلىرىگە ئېتىبار بېرىش» ۋە «ئاساسىي قاتلامدىكى ئىشلەپچىقىرىش، ئىلمىي تەتقىقات، ئوقۇتۇشنىڭ 1 - سېپىگە يۈزلىنىش» فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، «ھاسىل قىلغان بىلىملەرنى ئەمەلدە تەتبىق قىلىش، ھەركىم ئۆز قابىلىيىتىنى كۆرسىتىش» پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، تۈرلۈك مەكتەپ، تۈرلۈك كەسىپ، تۈرلۈك ئوقۇش تارىخى، تۈرلۈك ساپادىكى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۈرلەر بويىچە ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا يېتەكچىلىك قىلىش چارىسىنى قوللىنىپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار بايلىقىنى مۇۋاپىق تەقسىم قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلانى بويىچە تەقسىم قىلىنىدىغان، دۆلەت ۋەزىپە قىلىپ چۈشۈرگەن پىلان بويىچە قوبۇل قىلىنىپ ئوقۇش پۈتتۈرگەن 29 مىڭ 88 ئوقۇغۇچى ۋە دۆلەتنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش پىلانى ئىچىدە ئۆز خىراجىتى بىلەن ئوقۇشقا قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىكى ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇش پۈتتۈرگەن 470 ئوقۇغۇچى تەقسىم قىلىنغان ئورۇنلىرىغا بېرىپ تىزىمغا

ئالدۇردى. دۆلەت ۋەزىپە قىلىپ چۈشۈرگەن پىلان بويىچە قوبۇل قىلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ تەقسىم قىلىنغان ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە بېرىپ ئىشقا ئورۇنلاشقىنى 21 مىڭ 368 بولۇپ، 73.5%نى تەشكىل قىلدى؛ ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلاردا ئىشقا ئورۇنلاشقىنى 2114 بولۇپ، 7.3%نى تەشكىل قىلدى؛ مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىدا ئىشقا ئورۇنلاشقىنى 2246 بولۇپ، 7.7%نى تەشكىل قىلدى؛ بىڭتۈەندە ئىشقا ئورۇنلاشقىنى 2592 بولۇپ، 8.9%نى تەشكىل قىلدى؛ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان كارخانىلارغا بېرىپ ئىشقا ئورۇنلاشقىنى 70 بولۇپ، 0.2%نى تەشكىل قىلدى؛ باشقا ئۆلكە، شەھەرلەرگە بېرىپ ئىشقا ئورۇنلاشقىنى 538 بولۇپ، 1.8%نى تەشكىل قىلدى؛ ئاسپىرانتلىققا قوبۇل قىلىنغانلار ۋە باشقىلار 160 بولۇپ، 0.6%نى تەشكىل قىلدى. ئاپتونوم رايون دۆلەتنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش پىلانى ئىچىدە ئۆز خىراجىتى بىلەن ئوقۇشقا قوبۇل قىلىنىپ ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارغا ئىككى تەرەپ ئۆز ئارا تاللاش، كەسىپ تاللاشقا ئۆزى ئىگە بولۇش سىياسىتىنى قوللاندى. ئىككى تەرەپ ئۆز ئارا تاللاش ئارقىلىق خىزمەت ئورنى ئەمەلىيلەشكەن ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار 9 - ئايدىن تارتىپ خىزمەت ئورنىغا كېيىنى - كېيىندىن باردى.

پېڭ كېچېڭ، تاڭ شياۋبىڭ

## نازارەتچى خاس ۋەكىللەرنى ۋە ياردەمچىلەرنى تاللاپ يېتىلدۈرۈش، يېتىشتۈرۈش خىزمىتى

1999 - يىلى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ۋە ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ كارخانىلارنىڭ تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش روھى ۋە كادىرلار تارماقلىرىغا يۈكلەنگەن يېڭى فۇنكسىيە بويىچە، ئاپتونوم رايوننىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە تەشكىللىشى ئارقىسىدا، ئاپتونوم رايوننىڭ نازارەتچى خاس ۋەكىللەرنى باشقۇرۇشقا ئائىت ۋاقىتلىق چارىسى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىنىپ تۈزۈپ چىقىلدى. شەخسلەر ئۆزى مەلۇم قىلىش، تەشكىل تونۇشتۇرۇش، كادىرلار نازارىتى تەكشۈرۈپ بېكىتىش تەرتىپى بويىچە قايتا - قايتا تاللاش ئارقىلىق 5 ئىش باشقارمىسىنىڭ كۆلىمىگە ئاساسەن، مالىيە نازارىتى، ئىقتىسادىي تەپتىش نازارىتى قاتارلىق 13 ئورۇندىن نازارەتچى خاس ۋەكىللىكنى ۋە ياردەمچىلىكنى ئۈستىگە ئېلىشقا 25 ئادەم تاللىنىپ يۆتكەلدى. 11 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا نازارەتچى خاس ۋەكىللەر ۋە ئۇلارنىڭ ياردەمچىلىرىنى يېتىشتۈرۈش كۇرسىدا ئوقۇش باشلاندى، بۇ، ئاپتونوم رايوندا نازارەتچى خاس ۋەكىللەرنى بەرپا قىلىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

پېڭ كېچېڭ، تاڭ شياۋبىڭ

# ئاپپارات ئىسلاھاتى ۋە شتات باشقۇرۇش خىزمىتى

## كەسپىي ئورۇنلارنى تىزىملاپ باشقۇرۇش خىزمىتى

ش ئۇ ئا ر ئاپپارات - شتات كومىتېتى ئىشخانىسى 1999 - يىل 1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى كەسپىي ئورۇنلارنى تىزىملاپ باشقۇرۇشنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ھەر دەرىجىلىك شتات كومىتېتلىرى ئىشخانىلىرىدىن ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، بۇ خىزمەتكە بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايوندىكى كەسپىي ئورۇنلارنى تىزىملاپ باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئىشلىنىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ھەر دەرىجىلىك شتات كومىتېتلىرى ئىشخانىلىرى 3 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن كەسپىي ئورۇنلارنى ئېنىقلىدى. ئېنىقلاشنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى كەسپىي ئورۇننىڭ نامى، ئاساسىي مەقسىتى، كەسپىي دائىرىسى، خىراجەت مەنبەسى ۋە تىپى (جامائەت پاراۋانلىق تىپى، نىسپىي جامائەت پاراۋانلىق تىپى، تىجارەت تىپى)، خىزمەت ئورنى، يولغا قويغۇچى گەۋدە، تۈرى، سانى، ئاساسلىق تىجارەت ئەھۋالى ۋە ئىسلاھاتقا ئالاقىدار ئەھۋاللىرىنى ئېنىقلاشتىن ئىبارەت.

دا جيەنمىن

## ش ئۇ ئا ر پارتكوم ئاپپارات ئىسلاھاتى خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى

ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن 1999 - يىل 2 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ 4 - قېتىملىق يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى، يىغىندا «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى پىكرى» ئۆگىنىلدى، ش ئۇ ئا ر ھۆكۈمىتىنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتىغا ئالاقىدار مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىندى. يىغىن مۇنداق دەپ قارىدى: ھۆكۈمەتنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتى ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقتىن ئىبارەت ئومۇمىيلىققا بېرىپ چېتىلىدۇ، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە ھۆكۈمەتلەر

ھۆكۈمەتنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ھەم ئاكتىپ بولۇش، ھەم سالماق بولۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، چوڭ تەۋرىنىش كۆرۈلۈشىدىن ساقلىنىپ، تۈرلۈك خىزمەت ۋەزىپىلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئورۇندىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. يىغىندا مۇنداق قارار چىقىرىلدى: (1) ش ئۇ ئا ر ھۆكۈمەت ئاپپارات ئىسلاھاتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلىدۇ. ئابلەت ئابدۇرېشىت گۇرۇپپا باشلىقى، جۇ شېڭتاۋ، جاڭ يۈنچۈەن، چېن دېمىنلار مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى بولىدۇ. (2) 1999 - يىلى ئالدى بىلەن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئاپپارات ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىدۇ، 2000 - يىلى ۋىلايەت، ناھىيە، يېزىدىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئاپپارات ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىدۇ.

شيې گۇاڭدې، دا جيەنمىن

## ئاپپارات ئىسلاھاتى ئۈستىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتى

1999 - يىل 3 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن ئېتىبارەن ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئاپپارات ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى ئومۇمىي پىلانىغا ۋە ش ئۇ ئا ر ئاپپارات ئىسلاھاتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ش ئۇ ئا ر شتات كومىتېتى ئىشخانىسى (ئاپپارات ئىسلاھاتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى) ئۇيۇشتۇرغان خادىملار ئالدى بىلەن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون سانائىتى، يېنىك سانائەت، خىمىيە سانائىتى، قاتناش، كۆمۈر، توقۇمىچىلىق، ئاشلىق، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، سودىدىن ئىبارەت 9 كەسپىي نازارەت، ئىدارىگە ۋە ئۇلارغا قاراشلىق كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارغا بېرىپ، مەخسۇس مەسىلە بويىچە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇلار ئالدىغا بېرىش، تەكلىپ قىلىپ ئەكىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، نۆۋەتتىكى ھالدا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئاپپارات ئىسلاھاتىنى قانداق قىلىپ دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىسلاھات بىلەن جىپسىلاشتۇرۇش، كەسپىي ئىقتىساد باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ فۇنكسىيىسىنى قانداق قىلىپ مەركەزنىڭ ھۆججەتلىرىدىكى تەلەپ بويىچە ئۆزگەرتىپ، مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنى ئايرىش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە ئالاقىدار نازارەت، ئىدارىلەر ۋە كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن سۆھبەتلەشتى. جەمئىي 30 نەچچە قېتىم سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، بۇلارغا 250 تىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايوندىكى ئۈنىۋېرسال تارماقلار ۋە ئىقتىسادىي خىزمەت بىلەن ئۇزاق مۇددەت شۇغۇللانغان قىسمەن پېشقەدەم يولداشلاردىن پىكىر ئېلىندى. 1 - قېتىملىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، مەمۇرىيەت بىلەن كارخانا ئايرىلغاندىن كېيىن كېلىپ چىقىش ئېھتىمالى بولغان مەسىلىلەر كۆزدە تۇتۇلۇپ، ئالاقىدار تارماقلاردىكى رەھبەرلەردىن پىكىر ئېلىندى. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ئەھۋال ئاساسەن ئېنىقلىنىپ، مەسىلىلەر تېپىپ چىقىلدى. مۇشۇ ئاساستا تەتقىق قىلىنىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ كەسپىي ئىگىلىك باشقۇرۇش تارماقلىرىدىكى ئاپپارات ئىسلاھاتىنى دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىسلاھات بىلەن ماس قەدەمدە ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت ئاساسىي تەسەۋۋۇر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئاپتونوم رايوندا ئاپپارات ئىسلاھاتى ئومۇمىي لايىھىسىنىڭ تۈزۈپ چىقىلىشى ئاساس بىلەن تەمىن ئېتىلدى.

ش ئۇ ئا ر ئاپپارات ئىسلاھاتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى 4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم ئىقتىسادىي خىزمەت بۆلۈمىنىڭ سابىق باشلىقى ۋاڭ لىبو ۋە ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتىنىڭ سابىق رەھبەرلىرى چېن بوۋېن، ليۇ زۇڭخاۋ ھەم مالىيە نازارىتى، پىلان كومىتېتى، تۈزۈلمە ئىسلاھاتى كومىتېتى ۋە پارتكوم سىياسەت تەتقىقاتى ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى قاتارلىق ئالاقىدار باشقارما، ئىشخانىلارنىڭ مەسئۇللىرىنى تەكلىپ قىلىپ سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى. ش ئۇ ئا ر ئاپپارات ئىسلاھاتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ليۇ شياۋيەن مەركەزنىڭ يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى ئاساسىي روھىنى يەتكۈزدى، ئاپپارات ئىسلاھاتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ يېقىندا ئاپتونوم رايوندىكى كەسپىي ئىقتىساد باشقۇرۇش تارماقلىرىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئېلىپ بارغانلىقىغا دائىر بەزى ئەھۋاللارنى تونۇشتۇردى. سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشقان يولداشلار ئىگىلىك باشقۇرۇش خىزمىتى بىلەن ئۇزاق مۇددەت شۇغۇللانغانلىق ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنى ئايرىش، كەسپىي ئىگىلىك باشقۇرۇش تارماقلىرىدىكى ئاپپارات ئىسلاھاتى ۋە دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىسلاھات قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە كەڭ كۆلەمدە پىكىر بايان قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ پىكىرلىرى ۋە كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

شيې گۇاڭدې، داجيەنمىن

## سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش سىستېمىسىدىكى ئاپپارات، شتات باشقۇرۇش خىزمىتى

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئاپتونوم رايوندىن تۆۋەن سودا - سانائەتنى مەمۇرىي

باشقۇرۇش ئورگانلىرىدا تىك لىنىيىلىك باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى قارارىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش يۈزىسىدىن 1999 - يىل 4 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ش ئۇ ئا ر شتات كومىتېتى ئىشخانىسى، كادىرلار نازارىتى، سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى بىرلىكتە «ئاپتونوم رايوننىڭ سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش سىستېمىسىدا ئاپپارات، شتات باشقۇرۇشقا دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدىكى بەلگىلىمە (سىناق نۇسخا)»نى تارقاتتى. بۇ بەلگىلىمىدە مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: 1. ھەر دەرىجىلىك ئاپپارات، شتات تارماقلىرى تەرىپىدىن ئاپتونوم رايوننىڭ سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش سىستېمىسىغا بېكىتىپ بېرىلگەن ئەسلىدىكى 7949 كىشىلىك مەمۇرىي، كەسپىي شتات ش ئۇ ئا ر ئاپپارات - شتات كومىتېتى ئىشخانىسىغا بىر تۇتاش ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ، جايلاردىكى ئاپپارات، شتات تارماقلىرى ئەندى بۇ شتاتنى باشقۇرمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، يۇقىرىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرىنىڭ مەمۇرىي شتاتى بويىچە ئاپتونوم رايون جايلارغا چۈشۈرۈپ بەرگەن مەمۇرىي شتاتنىڭ ئومۇمىي سانى مۇناسىپ ھالدا كېمەيتىلىدۇ. ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ۋە ناھىيىلىك (شەھەرلىك، رايونلۇق) سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىلىرىنىڭ فۇنكسىيە ئورۇنلاشتۇرۇشى، ئىچكى ئاپپاراتلارنى تەسىس قىلىشى ۋە خادىملار شتاتى ش ئۇ ئا ر ئاپپارات - شتات كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە ئىش بېجىرىشى ئارقىلىق بېكىتىشى ئاشتىن بىر تۇتاش تەكشۈرۈپ بېكىتىلىدۇ. ش ئۇ ئا ر ئاپپارات، شتات كومىتېتى ئىشخانىسى تەكشۈرۈپ بېكىتىپ چۈشۈرگەن بازار تەرەققىيات، قۇرۇلۇش مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ ئۆزى كىرىم قىلىپ، ئۆزى چىقىم قىلىدىغان 1458 كىشىلىك كەسپىي شتاتى ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ ئومۇمىي شتات سانىدىن ئاجرىتىلىشى ۋە ھەر دەرىجىلىك ئاپپارات، شتات تارماقلىرى تەرىپىدىن باشقۇرۇلۇشى كېرەك. 2. ئاپپارات ئىسلاھاتى داۋامىدا ئالاقىدار تارماقلار بىلەن سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى قوشۇۋېتىلىپ تەسىس قىلىنغانلىرى بۇ قېتىمقى سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرىدىكى تۈزۈلمە ئىسلاھاتى داۋامىدا سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرىدىن ئايرىۋېتىلىشى لازىم. 3. ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا تەرەققىيات رايونىدىكى سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى (باشقارما دەرىجىلىك) ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى تەرىپىدىن بىۋاسىتە باشقۇرۇلىدىغان قىلىپ تەڭشىلىدۇ. شتاتى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە تەكشۈرۈپ بېكىتىلىدۇ.

دا جيەنمىن

## ش ئۇ ئا ر كەسپىي ئورۇنلارنى تىزىملاپ باشقۇرۇش ئىدارىسى ۋۇجۇدقا كېلىپ ئىشقا كىرىشتى

گوۋۇيۈەننىڭ «كەسپىي ئورۇنلارنى تىزىملاپ باشقۇرۇش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق نىزام»ىدىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ۋە مەملىكەتلىك كەسپىي ئورۇنلارنى تىزىملاپ باشقۇرۇش خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ش ئۇ ئا ر ئاپپارات - شتات كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن 1999 - يىل 5 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ش ئۇ ئا ر كەسپىي ئورۇنلارنى تىزىملاپ باشقۇرۇش مەركىزى سىرتقا قارىتا «ش ئۇ ئا ر كەسپىي ئورۇنلارنى تىزىملاپ باشقۇرۇش ئىدارىسى» دېگەن ۋۇجۇدقا كېلىپ، بىر يۈرۈش ئاپپارات 2 ۋۇجۇدقا بىلەن ئىشقا كىرىشتى. ش ئۇ ئا ر كەسپىي ئورۇنلارنى تىزىملاپ باشقۇرۇش ئىدارىسى ۋۇجۇدقا كېلىپ ئىشقا كىرىشكەندىن كېيىن، دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، كەسپىي ئورۇنلارنى تىزىملاشنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى ھەمدە تىزىملاش خىزمىتىدە دۇچ كېلىش ئېھتىمالى بولغان ئەمەلىي مەسىلىلەرگە بىرلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قىسمەن نازارەت، ئىدارىلەردىن 50 تىن ئارتۇق كەسپىي ئورۇندا تەقلىدىي تىزىملاش خىزمىتىنى ئىشلەپ، بۇ خىزمەتنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇشقا تەجرىبە توپلىدى.

دا جيەنمىن

## سۇپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى سىستېمىسىدىكى ئاپپارات، شتات باشقۇرۇش خىزمىتى

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئاپتونوم رايوندىن تۆۋەن سۇپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى سىستېمىسىدا تىك لىنىيىلىك باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى قارارىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش يۈزىسىدىن 1999 - يىل 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاپپارات - شتات كومىتېتى ئىشخانىسى، سۇپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى بىرلىكتە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سۇپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى سىستېمىسىدا ئاپپارات - شتات باشقۇرۇشقا ئائىت بىر قانچە

مەسىلە توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى (سىناق نۇسخا)» نى تارقاتتى. بۇ بەلگىلىمىدە مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: 1. ھەر دەرىجىلىك ئاپپارات ـ شتات تارماقلىرى تەرىپىدىن ئاپتونوم رايوننىڭ سوۋېت ـ تېخنىكا نازارەتچىلىكى سىستېمىسىغا تەكشۈرۈپ بېكىتىپ بېرىلگەن ئەسلىدىكى 3084 كىشىلىك مەمۇرىي، كەسپىي شتات (ئاپتونوم رايونلۇق ئىدارىلەرنىڭ شتاتى بۇنىڭ سىرتىدا) ش ئۇ ئا ر ئاپپارات ـ شتات كومىتېتى ئىشخانىسىغا بىر تۇتاش ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ، جايلاردىكى ئاپپارات ـ شتات تارماقلىرى ئەندى بۇ شتاتنى باشقۇرمايدۇ. 2. ش ئۇ ئا ر ئاپپارات ـ شتات كومىتېتى ئىشخانىسى شتاتنىڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىلىش ئەھۋالىغا ئاساسەن، سوۋېت ـ تېخنىكا نازارەتچىلىكى تارماقلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن جايلارغا چۈشۈرۈپ بېرىلگەن مەمۇرىي شتاتنىڭ ئومۇمىي سانىنى مۇناسىپ ھالدا تەكشۈرۈپ ئازايتىدۇ، كونكرېت تەكشۈرۈپ ئازايتىش ئەھۋالى ئايرىم چۈشۈرۈلىدۇ. 3. ئاپپارات، شتات ئىچىدە ئالاقىدار تارماقلار بىلەن سوۋېت ـ تېخنىكا نازارەتچىلىكى تارماقلىرى قوشۇۋېتىلىپ تەسىس قىلىنغانلىرى بۇ قېتىمقى سوۋېت ـ تېخنىكا نازارەتچىلىكى سىستېمىسىدىكى تۈزۈلمە ئىسلاھاتى داۋامىدا سوۋېت ـ تېخنىكا نازارەتچىلىكى تارماقلىرىدىن ئايرىۋېتىلىشى لازىم.

دا جيەنمىن

## تەربىيىلەش خىزمىتى

ش ئۇ ئا ر ئاپپارات ـ شتات كومىتېتى ئىشخانىسى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىدىكى يېڭى ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئاپپارات ـ شتات سىستېمىسىدىكى كادىرلارنىڭ كومپيۇتېر تورى تېخنىكىسى سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش يۈزىسىدىن، مەركىزىي ئاپپارات ـ شتات كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك ئاپپارات، شتات سانلىق مەلۇمات ئامبىرى بەرپا قىلىش توغرىسىدىكى تەلىپىگە ئاساسەن، 1999 ـ يىل 5 ـ، 6 ـ ئايلاردا ئاپتونوم رايوننىڭ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە (شەھەر) لىرىدىكى ئاپپارات ـ شتات تارماقلىرىنىڭ ستاتىستىكا خادىملىرىدىن 138 ئادەم (قېتىم) نى 2 تۈركۈمگە بۆلۈپ بىر تۇتاش تەربىيىلىدى. ئۆگىنىش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، كۆرسىتىلار ئاپتونوم رايون بىر تۇتاش ئۇيۇشتۇرغان كومپيۇتېردا قەغەز ئىشلەتمەي ئېلىنغان ئىمتىھانغا قاتناشتى، لاياقەتلىك بولغانلارغا ش ئۇ ئا ر ئۇيۇشتۇرۇش ئىشخانىسى تەرىپىدىن «ئەمەلىي كومپيۇتېر تېخنىكىسى بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئىش ئورنى گۇۋاھنامىسى» بېرىلدى.

دا جيەنمىن

## مەركىزىي ئاپپارات ـ شتات كومىتېتى ئىشخانىسى خىزمەت گۇرۇپپىسى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن سۆھبەتلەشتى

مەركىزىي ئاپپارات ـ شتات كومىتېتى ئىشخانىسى 3 ـ مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ شەنشۇ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى 1999 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتى بىلەن شىنجاڭغا كەلگەنلىك پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن خىزمەت سۆھبىتى ئۆتكۈزدى. ئۇلار، ئاساسلىقى، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىدىن قىلىنغان دوكلاتنى ھەم ئۆتكەن قېتىملىق ئاپپارات ئىسلاھاتى خىزمىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە كېيىنكى قەدەمدىكى خىزمەت تەسەۋۋۇرىنى ئاڭلىدى ھەمدە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن ئۆلكە دەرىجىلىك شەھەرلەر قاتارىغا كىرىشىنى ئىلتىماس قىلىشى، شەھەرلىك بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈلمىسى ۋە مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلغۇچى قوشۇن قۇرۇلۇشى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە نۇقتىلىق سۆھبەت ۋە مۇزاكىرە ئۆتكۈزدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شەھەر باشلىقى نۇر بەكرى، شەھەرلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى چېن شۈيچىن، ش ئۇ ئا ر ئاپپارات ـ شتات كومىتېتى ئىشخانىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاپپارات ـ شتات كومىتېتى ئىشخانىسى قاتارلىق تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرى سۆھبەتكە قاتناشتى.

دا جيەنمىن

## كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىسلاھات ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر ئاپپارات ـ شتات كومىتېتى ئىشخانىسى 1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ كەسپىي ئورۇنلىرىدىكى ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، گېزىت، ژۇرناللار، ئالىي مەكتەپلەردە ئاپپارات ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى پىكرىنى قايتا ـ قايتا دەلىللىدى ۋە تۈزىتىپ مۇكەممەللەشتۈردى ھەمدە ھۆكۈمەتنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتى بىلەن جىپسىلاشتۇرۇپ، «يەتتە كەسپىي ئىگىلىك باشقۇرۇش تارمىقىغا قاراشلىق كەسپىي ئورۇنلاردا تۈرگە ئايرىپ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا پىكىر» نى شەكىللەندۈردى. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك كەسپىي ئورۇنلاردا ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى چاڭ تۇتۇش جەھەتتە تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىنى ئېنىقلاش ۋە تۈزەش، تاشيول ترانسپورتىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئاپپاراتلىرىنى ئىسلاھ قىلىش تاماملاندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، چارۋىچىلىق نازارىتىگە قاراشلىق كەسپىي ئورۇنلار، شىنجاڭ

ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ھەم گېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش قوشۇنى قاتارلىقلار ئۈستىدە قۇرۇلمىنى تەڭشەش، سەرخىللاشتۇرۇپ تەشكىللەش ئىشى ئۇقتىدا سىناق قىلىندى. تۇرپان ۋىلايىتىدىكى 6 مەكتەپنى قوشۇۋېتىش، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئاساس مائارىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋە سانجى ئوبلاستىدىكى كەسپىي ئورۇنلارنى ئىجارىگە بېرىش، كىم ئارتۇق سودىسى قىلىش ئىسلاھاتىنى ئۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىگە ئىشتىراك قىلىندى.

دا جيەنمىن

## ئەمگەك ئىشلىرى

### ئورۇن نامى ئۆزگەرتىلدى

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بىلەن 1999 - يىل 7 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئەسلىدىكى ئەمگەك نازارىتىنىڭ نامى ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىگە ئۆزگەرتىلدى ھەمدە 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ۋىۋىسكا ئېسىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى، يېڭى تامغا 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن ئېتىبارەن ئىشلىتىلىشكە باشلىدى.

خې شىڭۋېي

### ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتا تۈزۈمى ئىسلاھاتى

1999 - يىل 2 - ئايدا ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىدە ئۆزگەرتىپ تەسىس قىلىنغان ش ئۇ ئا ر داۋالىنىش سۇغۇرتا تۈزۈمى ئىسلاھاتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ۋىۋىسكا ئېسىپ ئىشقا كىرىشتى، ئەسلىدىكى ئەمگەك ئىشلىرى، كادىرلار ئىشلىرى، سەھىيە قاتارلىق تارماقلار باشقۇرىدىغان ئىجتىمائىي سۇغۇرتا كەسپىي ھەر دەرىجىلىك ئەمگەك كاپالەت تارماقلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا بىر تۇتاش ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى ھەمدە ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىنىڭ باشلامچىلىق قىلىشى، سەھىيە، مالىيە ئورۇنلىرى ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ئادەم ئەۋەتىپ قاتناشتۇرۇشى بىلەن ۋاقىتلىق خىزمەت ئاپپاراتى تەشكىل قىلىنىپ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەھەر، بازارلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتا تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش ئومۇمىي پىلانى» تۈزۈپ چىقىلدى ۋە 4 - ئايدا ئىجرا قىلىشقا رەسمىي تارقىتىلدى. دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، «ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەر، بازارلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى بويىچە ئۇقتىلىق داۋالاش ئاپپاراتلىرىنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق چارىنى يولغا قويۇشنىڭ تەپسىلىي قائىدىسى» قاتارلىق 4 يۈرۈشلەشكەن ھۆججەت تۈزۈلۈپ تارقىتىلدى، «ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەر، بازارلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىنى باشقۇرۇشقا دائىر ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» (مۇزاكىرە قىلىنىدىغان نۇسخا) قاتارلىق 7 تەپسىلىي قائىدە، چارە تۈزۈپ چىقىلىپ، ئاپتونوم رايوندا داۋالىنىش سۇغۇرتا تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ ئومۇميۈزلۈك باشلىنىشىغا ۋە يولغا قويۇلۇشىغا ئاساس سېلىپ بېرىلدى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايوندىكى 15 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردە داۋالىنىش سۇغۇرتا تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش لايىھىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، 12 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردە داۋالىنىش سۇغۇرتا تۈزۈمى ئىسلاھاتى باشلىنىپ، يولغا قويۇلدى، 420 مىڭ ئىشچى - خىزمەتچى سۇغۇرتىغا قاتناشتى. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ داۋالىنىش سۇغۇرتا تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش خىزمىتىدىكى يۈرۈشلەشكەن سىياسەتلەرنى تۈزۈش، ئۇقتىلىق دوختۇرخانىلار ۋە ئۇقتىلىق دورا دۇكانلىرىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش، بېكىتىش ھەم ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇش، تىزىملاش قاتارلىق خىزمەتلەر ئاساسەن تاماملاندى.

خې شىڭۋېي

### ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى

1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايوندا 1 مىليون 10 مىڭ ئادەم ئاساسىي ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى، سۇغۇرتىغا قاتناشقان ئادەم سانى 1998 - يىلدىكىدىن 130 مىڭ ئادەم ئاشتى؛ شۇ يىلى 2 مىليارد 363 مىليون يۈەن پېنسىيە سۇغۇرتا پۇلى يىغىۋېلىندى، يىغىۋېلىنىش نىسبىتى 96.8%كە يەتتى. دۆلەت ئورگانلىرى، كەسپىي ئورۇنلار، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ سۇغۇرتىغا قاتنىشىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى، سۇغۇرتىغا قاتناشقان ئادەم سانى 30 مىڭدىن كۆپرەككە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 278% ئاشتى، جەمئىي 38 مىليون يۈەن يىغىۋېلىندى.

1999 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئاساسىي ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش غەملەش ئىشى باشلاندى. بۇنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنىڭ تەڭشەش فۇنكسىيىسى خېلى كۈچەيگەن، مۇشۇ يىلى ئاپتونوم رايون 10 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرگە تەڭشەش فوندى ئاجرىتىپ بەرگەن. 1 - ئايدىن تارتىپ ئاپتونوم رايون بويىچە ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتا سوممىسىنى پۈتۈنلەي

تاپشۇرۇلغان فوند بويىچە ئاتچوت قىلىش ئۇسۇلى يولغا قويۇلدى. يىل ئاخىرىدا ئاپتونوم رايوندا پېنسىيە پۇلىنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇپ تارقىتىش نىسبىتى %2.50كە يەتتى. فوند يىغىشنى كۈچەيتىش، فوندنىڭ تەڭشەش سالمىقىنى ئاشۇرۇش، كۆپ خىل يوللاردىن پايدىلىنىپ غەملەش، مەبلەغ توپلاش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق كارخانىلاردىكى دەم ئېلىشقا، پېنسىيەگە چىققان خادىملارنىڭ ئاساسىي ياشانغاندا كۈتۈنۈش پۇلىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا تولۇق تارقىتىلىشىغا، ئارقىغا سۈرەش ئەھۋالىنىڭ قايتا كۆرۈلمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىندى. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە كارخانىلاردىكى دەم ئېلىشقا، پېنسىيەگە چىققان خادىم 333 مىڭ بولۇپ، ئۇلارغا 2 مىليارد 690 مىليون يۈەن ئاساسىي ياشانغاندا كۈتۈنۈش پۇلى تارقىتىلغان. ئەسلىدە ساھەلەر بويىچە بىر تۇتاش غەملەنگەن كارخانىلارنىڭ ئاساسىي ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى بىر تۇتاش غەملەش تۈرى تەكشۈرۈپ بېكىتىلىپ، ئەسلىدىكى ساھەنىڭ بىر تۇتاش غەملىشى بىلەن ئاپتونوم رايوننىڭ يەرلىك سىياسىتىنىڭ جىپسىلىشىشى ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيەگە چىققانلار تەمىناتىنىڭ سىلىق ئۆتۈشىگە كاپالەتلىك قىلىندى. 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن ئىلگىرى ئۆستۈرۈلگەن ھەرخىل ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتا فوندىنىڭ كارخانىلاردىكى دەم ئېلىشقا، پېنسىيەگە چىققانلار قولىغا تېگىشىگە كاپالەتلىك قىلىندى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەلىپى بويىچە قەرز پۇلىنى ئېنىقلاش خىزمىتىنىڭ سالمىقى ئاشۇرۇلدى، كارخانىلارنىڭ قەرز پۇلىدىن جەمئىي 147 مىليون يۈەن ئېنىقلاندى، قەرز پۇلىنى ئېنىقلاش نىسبىتى %64 بولدى. 6 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئارقىغا سۈرۈلۈپ كېلىنىۋاتقان بىر نەچچە يىللىق ئاساسىي ياشانغاندا كۈتۈنۈش پۇلىدىن 170 مىليون يۈەن تولۇقلاپ تارقىتىلدى، بۇ ئىش ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت مىنىستىرلىكىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

خې شىڭۋېي

## ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت تارماقلىرى ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، ئىشسىز قالغانلار، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئۆزى ئىش تېپىشقا ۋە 1 -، 3 - كەسىپلەرگە ئىشقا ئورۇنلىشىشقا يېتەكلەپ ۋە ئىلھاملاندۇرۇپ، ئىشسىزلىق نىسبىتىنى تىرىشىپ تۆۋەنلەتتى. 1. ئەمگەكچىلەر ئۆز ئالدىغا كەسىپ تاللاش، بازار ئارقىلىق تەڭشەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ھۆكۈمەت ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش فاڭجېنى بويىچە ئەمگەك كۈچى بازىرىنىڭ قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى، ئەمگەك كۈچى بازىرىنى باشقۇرۇش ۋە مۇلازىمەت خىزمىتىدىكى ئاساسلىق كەسىپلەرنىڭ ئىش تەرتىپى قائىدىسى تۈزۈلۈپ ۋە تارقىتىلىپ، ئۈرۈمچى شەھىرىنى مەركەز، كورلا، كۈيتۇڭلارنى 2 قانات قىلغان، ئاپتونوم رايوننى قاپلىغان ئەمگەك كۈچى بازىرى ئۈچ تور سىستېمىسى بەلگىلەندى. ئۈرۈمچى شەھىرى، كورلا شەھىرى مەملىكەت بويىچە ئەمگەك كۈچى بازىرىنى ئۈچلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى نۇقتىدا سىناق قىلىنىدىغان شەھەرلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. شەھەرلەردىكى ئەمگەك كۈچى بازارلىرىنىڭ كەسىپلەر بويىچە تەمىنلەش - تەلەپ ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىش تۈزۈمى ۋە ھەر تەرەپلىمە ئايلىق مەلۇمات تۈزۈمى ئورنىتىلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. ئەمگەك كۈچى بازىرىنىڭ تەرتىپى قېلىپلاشتۇرۇلۇپ ۋە رەتكە سېلىنىپ، قانۇنسىز ئەمگەك - مۇلازىمەت ۋاستىچىلىكىگە زەربە بېرىلىپ ۋە ئۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئىش ئىزدىگۈچىلەر ئىشقا ئورۇنلىشىشتا ياخشى بازار مۇھىتى بىلەن تەمىن ئېتىلدى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايوندىكى 282 كەسپىي ۋاستىچى ئاپپارات 168 مىڭ 600 ئادەمنى كەسىپ جەھەتتىن تىزىملىدى، 71 مىڭ 100 ئادەمگە كەسىپ جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلدى، 102 مىڭ ئادەم (قېتىم) ئۈستىدىن قىلىنغان ۋاستىچىلىك مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي 200 نەچچە قېتىم ھەرخىل تەكلىپ قىلىش، ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، 65 مىڭ ئادەم نىشانلىق ئالماشتۇرۇلدى. 2. يېزىلاردىكى ئەمگەك كۈچلىرىگە قارىتا رايون ھالقىغان تەرتىپلىك تۇراقسىز قوزغۇلۇش داۋاملىق يولغا قويۇلۇپ، سىرتتىن كەلگەن يېزا ئەمگەك كۈچلىرىدىن پايدىلىنىشتا ئومۇمىي سان جەھەتتىن تىزگىنلەش، پىلانلىق باشقۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. گۇۋاھنامە بىلەن كارتوچكىنى بىرلەشتۈرۈش، ئىسپات بويىچە ئىشقا ئورۇنلىشىشتىن ئىبارەت تۇراقسىز ئىشقا ئورۇنلىشىشنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش قەتئىي داۋاملاشتۇرۇلدى. سىرتتىن كەلگەن يېزا ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى بويىچە گۇۋاھنامە بېجىرىش نىسبىتى %84كە يەتتى، ئاپتونوم رايون ئىچىدە تۇراقسىز ئىشقا ئورۇنلىشىش بويىچە گۇۋاھنامە بېجىرىش نىسبىتى %70كە يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۈرۈمچى شەھىرى، كورلا شەھىرى خەلق ئىشچىلىرىنى تۇراقسىز ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى نۇقتىلىق نازارەت قىلىش ۋە تىزگىنلەش رايونى قىلىپ بەلگىلەندى. 3. ئەمگەك - مۇلازىمەت كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. ئاپتونوم رايوندىكى 1253 ئەمگەك - مۇلازىمەت كارخانىسى، مەھەللىدىكى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش گەۋدىسى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆزىنى قۇتقۇزۇش بازىسىدا 308 مىليون يۈەن قوشۇلما قىممەت يارىتىلدى، كەسىپكار سانى 78 مىڭ 600گە يەتتى.

4. ھەرخىل تەدبىرلەر قوللىنىلىپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش، كەسىپ ئالماشتۇرۇش، ئىش ئورنىنى يەڭگۈشلەش قاتارلىق جەھەتلەردە تەربىيلەش كۈچەيتىلدى. ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتىكى تەشۋىقات سالمىقى ئاشۇرۇلدى. شۇ يىلى شەھەر، بازارلاردا 100 مىڭ ئادەمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش نىشان ۋەزىپىسى ئاساسەن ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

خې شىڭۋېي

## ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 1999 - يىلى «، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى نىزامى»نى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى ھەمدە تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى چاقىرىپ، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇردى، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى دائىرىسىنى كېڭەيتىش ۋە فوند كىرىمىنى ئاشۇرۇش پىلانىنى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە ۋاقتىدا چۈشۈردى. يىل ئاخىرىغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئادەم سانى 1 مىليون 115 مىڭغا يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 305 مىڭ ئادەم ئاشتى؛ 220 مىليون يۈەن ئىشسىزلىق سۇغۇرتا ھەققى يىغىۋېلىندى، يىغىۋېلىنىش نىسبىتى %91.6كە يەتتى؛ تاپشۇرۇلماي كېلىۋاتقان 6 مىليون 800 مىڭ يۈەن ئىشسىزلىق سۇغۇرتا ھەققى ئېنىقلاندى، ئېنىقلىنىش نىسبىتى %36.5 بولدى. شۇ يىلى ئىشسىزلىق سۇغۇرتا فوندىدىن جەمئىي 96 مىليون 490 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشسىزلارنى قۇتقۇزۇشقا ئىشلىتىلگىنى 22 مىليون 80 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدا كېيىنكى يىلغا يۆتكەلگەن ئىشسىزلاردىن قۇتقۇزۇلىدىغىنى 8777 ئادەم. ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر، بازارلاردا تىزىملانغان ئىشسىزلىق نىسبىتى %3.8 بولدى.

خې شىڭۋېي

## دۆلەت كارخانىلىرىدا ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 1999 - يىل 2 - ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمەت يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ 1999 - يىللىق خىزمىتىنى پىلانلىدى ۋە ئورۇنلاشتۇردى، خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى تەربىيلەش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا يۆتكىدى ھەمدە يېڭى نىشان پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

1. ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىنىپ، ئۈچ %100لىك نىشان ۋەزىپىسى ئىشقا ئاشۇرۇلدى. 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي 4986 دۆلەت كارخانىسىدا ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغانلارنى تارقاقلاشتۇرۇش يولغا قويۇلدى، بۇ، دۆلەت كارخانىلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ %76نى تەشكىل قىلدى. ئاپتونوم رايوندا قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت مەركىزىدىن 1498ى قۇرۇلدى، شۇ يىلى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان 141 مىڭ 800 ئىشچى - خىزمەتچى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت مەركىزىگە كىردى، بۇنىڭ ئىچىدە 1998 - يىلدىن 1999 - يىلغا يۆتكەلگەن 75 مىڭ 600 ئادەم بار. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش مەبلىغىدىن جەمئىي 429 مىليون 520 مىڭ يۈەن غەملەندى، بۇنىڭ ئىچىدە كارخانىلار ئۆزى غەملىگىنى 43 مىليون 650 مىڭ يۈەن، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىدىن تەڭشەپ بېرىلگىنى 123 مىليون 660 مىڭ يۈەن، مالىيە خام چوتىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 262 مىليون 210 مىڭ يۈەن. مۇشۇ يىلى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان 141 مىڭ 800 ئىشچى - خىزمەتچىگە ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش خىراجىتىدىن جەمئىي 429 مىليون 520 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش خىراجىتىگە چىقىم قىلىنغىنى 259 مىليون 291 مىڭ يۈەن، ۋاكالىتەن تاپشۇرۇلغان پېنسىيە سۇغۇرتا ھەققى 154 مىليون 534 مىڭ يۈەن، ئىشسىزلىق سۇغۇرتا ھەققى 15 مىليون 695 مىڭ يۈەن. ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىسى بارلىكى كارخانىدا %100 مەركەز قۇرۇش، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر %100 مەركەزگە كىرىش، مەركەزدىكى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئاساسىي تۇرمۇش خىراجىتىنى %100 ئېلىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

2. قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يۈزىسىدىن تەربىيلەش پىلانى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلۇپ، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يۈزىسىدىن نۇقتىلىق تەربىيلەيدىغان ئورۇنلارنىڭ قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت مەركىزى بىلەن بىرلىكتە خىزمەت ئىشلەش يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈلدى، مۇشۇ يىلى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يۈزىسىدىن نۇقتىلىق تەربىيلەيدىغان 126 ئورۇن ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان 42 مىڭ 800 ئىشچى - خىزمەتچىگە ماھارەت جەھەتتىن

تەربىيىلەش ۋە ئىگىلىك تىكلەش ئىقتىدارى جەھەتتىن تەربىيىلەشنى يولغا قويدى. بۇلار ئاپتونوم رايوندىكى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر سانىنىڭ %49نى تەشكىل قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىش ئورنىنى يەڭگۈشلەش، كەسىپ ئالماشتۇرۇش بويىچە ماھارەت جەھەتتىن تەربىيىلەنگەنلەر 29 مىڭ 800 ئادەم، كەسپىي يېتەكچىلىكنى قوبۇل قىلغانلار 13 مىڭ ئادەم، تەربىيىلىنىش نىسبىتى %34.1 بولدى. تەربىيىلەنگەندىن كېيىن قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى %70 بولدى. ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ مەكتەپ ئېچىپ، تەربىيىلەش ئاپپاراتى قۇرۇپ، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە تەربىيىلەشنى قانات يايدۇرۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىندى ۋە ئىلھام بېرىلدى، ئۈرۈمچى رايونىدىلا 8 ئورۇندىكى ئىجتىمائىي تەربىيىلەش ئاپپاراتى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە تەربىيىلەشنى قانات يايدۇرۇپ، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا شارائىت يارىتىپ بەردى.

3. سىياسەت جەھەتتىن مەدەت بېرىلىپ، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سالمىقى ئاشۇرۇلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم ئىشخانىسى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىمكانقەدەر تېز ئىشقا ئاشۇرۇشىغا ئىلھام بېرىش ۋە تۈرتكە بولۇش مەقسىتىدە، «قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا قوشۇمچە بەلگىلىمە»نى بېسىپ تارقاتتى. ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر رادىئو، تېلېۋىزىيە، گېزىت، ژۇرنال قاتارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرى ئارقىلىق كەسىپ تاللاش كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتىپ، كۈتۈپ تۇرۇش، تايىنىۋېلىش ئېڭىنى تۈگىتىپ، ئۆز ئالدىغا كەسىپ تاللاشقا يېتەكلەندى. سىياسەت ئارقىلىق يۆلەش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر جەمئىيەتنىڭ ياردىمى ئارقىلىق تارقاقلاشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بىرىنچىدىن، كارخانىلاردىكى مەسئۇل تارماقلار ساھەنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئەمگەك باشقۇرۇش، يوشۇرۇن كۈچلەرنى ئىشقا سېلىش، ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىشنى كۈچەيتىش ئارقىلىق ساھە ئىچىدە تەڭشەش خاراكتېرلىك ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى. ئىككىنچىدىن، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بازىسى بەرپا قىلىنىپ، يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش خاراكتېرلىك ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلىپ، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا ياردەم خاراكتېرلىك قەرز پۇل ماسلاشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، جايلارنىڭ قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بازىرى ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بازىسى قۇرۇلۇشىغا مەدەت بېرىلدى. 1999 - يىل ئاخىرىغىچە ئۈرۈمچى، قۇمۇل، كورلا، سانجى قاتارلىق جايلاردا قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بازىرىدىن 48ى، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش دېھقانچىلىق مەيدانىدىن 39ى قۇرۇلدى. ئۈچىنچىدىن، سىياسەت ئارقىلىق تەڭشەش - تىزگىنلەش ۋاستىسى قوللىنىلىپ، ھەرخىل ئىگىلىك تەشكىلاتلىرىغا ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى نىسبەت بويىچە قوبۇل قىلىش ھەققىدە بۇيرۇق بېرىلىپ، بۇيرۇق خاراكتېرلىك قوبۇل قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇش يولغا قويۇلدى. تۆتىنچىدىن، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بازىرى قېلىپلاشتۇرۇلدى، ئىشچى ئىشلىتىشنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى، ئىشچى ئىشلىتىش ھەرىكىتى قېلىپلاشتۇرۇلدى. بەشىنچىدىن، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆزى ئىش تېپىشىغا سىياسەت جەھەتتىن ئېتىبار بېرىلدى. مۇشۇ يىلى ئۆزى ئىش تېپىش ئارقىلىق قايتا ئىشقا ئورۇنلاشقان ئىشچى - خىزمەتچى سانى 20 مىڭدىن كۆپرەككە يەتتى. بۇلار ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلۇپ قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلمىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ %37.4نى تەشكىل قىلدى. مۇشۇ يىلى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشقانلار 53 مىڭ 500 ئادەمگە يەتتى، قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى %38 بولدى.

4. ئەمگەك مۇناسىۋىتى راۋانلاشتۇرۇلۇپ، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يوشۇرۇن ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسى ئۇقتىملىق ھەل قىلىندى. ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت مەركىزىدە بولغان مەزگىلدە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشسا، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت مەركىزى بىلەن بولغان باشقۇرۇش كېلىشىمىنى دەرھال بىكار قىلىشى كېرەك؛ باشقۇرۇش ۋاقتى توشقان بولسىمۇ، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشمىغان بولسا، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت مەركىزى ئۇنىڭ بىلەن بولغان باشقۇرۇش كېلىشىمىنى ئاخىرلاشتۇرۇشى لازىم. باشقۇرۇش كېلىشىمى بىكار قىلىنغان ۋە ئاخىرلاشتۇرۇلغان خادىملارنىڭ ئەسلى كارخانىسى بىلەن بولغان ئەمگەك مۇناسىۋىتى شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىكار قىلىنىدۇ، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت مەركىزى ئۇنى ئاساسىي تۇرمۇش كاپالىتى بىلەن قايتا تەمىن ئەتمەيدۇ. باشقۇرۇش كېلىشىمى ئاخىرلاشتۇرۇلغان خادىملار ئىشسىز خادىملار قاتارىدا باشقۇرۇلىدۇ، ئۇلارغا جايلاردىكى ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت تارماقلىرى بەلگىلىمە بويىچە ئىشسىزلىق قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىپ بېرىدۇ. مۇشۇ يىلى كارخانا بىلەن بولغان ئەمگەك مۇناسىۋىتى بىكار قىلىنغان ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچى 54 مىڭ 400 گە يەتتى،

— خې شىڭۋېي

## كارخانىلارنىڭ مائاش باشقۇرۇش خىزمىتى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندا ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش، كۆپ خىل تەقسىمات ئۇسۇلى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش پرىنسىپى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، بازار مېخانىزمى ئارقىلىق تەڭشەيدىغان، كارخانىلار ئۆز ئالدىغا تەقسىمات قىلىدىغان، ئىشچى - خىزمەتچىلەر مائاش باشقۇرۇشقا دېموكراتىك قاتنىشىدىغان، دۆلەت نازارەت قىلىدىغان، تىزگىنلەيدىغان ۋە يېتەكچىلىك قىلىدىغان، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىگە ماس كېلىدىغان مائاش كىرىمى تەقسىمات تۈزۈمى پەيدىنپەي يولغا قويۇلدى. مۇشۇ يىلى 159 كارخانىنىڭ ئىش ئۈنۈمى بىلەن چېتىش لايىھىسى، 187 كارخانىنىڭ مائاش ئومۇمىي سوممىسىنى ھۆددىگە بېرىش لايىھىسى، 194 كارخانىنىڭ تىجارەت قىلغۇچىلار كىرىمى لايىھىسى، 22 كارخانىنىڭ يىللىق مائاش لايىھىسى تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى؛ 441 كارخانا ئورۇننىڭ مائاش پىلانى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىپ چۈشۈرۈلدى.

1. كارخانىلارنىڭ مائاشىنى ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەش ئىشى كۈچەيتىلدى. ئەمگەك نازارىتى يىل بېشىدا ئۆلچەم سىزىقىنى تۈزۈپ تارقىتىپ، پۇل بىلەن تۆلىنىدىغان مائاشنىڭ %10 ئېشىشىنى ئاگاھلاندۇرۇش سىزىقى قىلىپ، قىسمەن كارخانىلاردا مائاشنىڭ ئېشىشى بەك تېز بولۇپ كەتكەن ئەھۋالنى چەكلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايوندىكى دۆلەت كارخانىلىرىدا مائاش تىزگىنلەش سىزىقىنى يولغا قويۇشقا ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدىكى كونكرېت بەلگىلىمىنى تۈزۈپ تارقىتىپ، ئاپتونوم رايوندىكى كارخانىلاردا ئىشلەيدىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە مائاش سەۋىيىسىنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلىدى.

2. كارخانىلارنىڭ مائاش ئومۇمىي سوممىسىنى نازارەت قىلىش - تىزگىنلەش كۈچەيتىلىپ، كارخانىلارنىڭ مائاش ئىچى - سىرتىدىكى كىرىمى نازارەت قىلىنىپ ۋە تەكشۈرۈلۈپ، كارخانىلارنىڭ مائاش بېرىش ھەرىكىتى قېلىپلاشتۇرۇلدى. كارخانىلاردا ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ بېرىش ئارقىغا سۈرەلگەن مائاشىنى ستاتىستىكىلاپ جەدۋەل تۈزۈش تۈزۈمى ئورنىتىلدى. ئەمگەك كۈچى بازىرىنىڭ مائاش يېتەكچى باھا ئورنىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش لايىھىسى تۈزۈلدى ھەمدە ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئەمگەك كۈچى بازىرىنىڭ مائاش يېتەكچى باھا ئورنى تۈزۈمى نۇقتىدا سىناق قىلىندى، 11 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئاممىباپلىقى كۈچلۈكرەك بولغان تۇنجى تۈركۈمدىكى ئىش تۈرى ئورنىنىڭ ئەمگەك كۈچى باھا ئورنى سىرتقا ئېلان قىلىندى.

3. كارخانىلارنىڭ مائاشى ۋە ئەڭ تۆۋەن مائاش ئۆلچىمى تەرتىپكە سېلىندى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئاپتونوم رايوننىڭ كارخانىلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشىنى تەرتىپكە سېلىش ھەققىدىكى يېتەكچى پىكرى تۈزۈپ چىقىلدى، ئۇنىڭدا جايلاردىن كارخانىلاردا مائاش ئۆستۈرۈشكە بولغان سىياسەت جەھەتتىكى يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، ئۈنۈم بىلەن تەقسىماتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشىنى ئۆستۈرۈشنى قەدەم - باسقۇچلۇق، پىلانلىق ھالدا مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش تەلەپ قىلىندى، كارخانىلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشىنى ئۆستۈرۈش پرىنسىپى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن ئىجرا قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايوندىكى كارخانىلارنىڭ ئەڭ تۆۋەن مائاش ئۆلچىمى ئەسلىدىكى ئاساستا %30 ئۆستۈرۈلدى. تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىنكى كارخانىلارنىڭ ئەڭ تۆۋەن مائاش ئۆلچىمى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن ئىجرا قىلىندى.

خې شىڭۋېي

## ئەمگەك توختامىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندا كوللېكتىپ كېڭەشىش ۋە كوللېكتىپ توختام تۈزۈمى پائال يولغا قويۇلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئەمگەك توختامىنى باشقۇرۇش مەشغۇلات ئورنى ھېساباتى تۇرغۇزۇلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، «ئادەم ئىشلىتىدىغان ئورۇنلارنىڭ ئەمگەك مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇشقا دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدىكى پىكىر» تۈزۈپ چىقىلىپ ۋە تارقىتىلىپ، كارخانا ئىسلاھاتى داۋامىدا ئەمگەك مۇناسىۋىتى دۇچ كەلگەن گەۋدىلىك مەسىلىلەر خېلى ئوبدان ھەل قىلىندى. ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىلەن بىرلەشمە يىغىن تۈزۈمى ئورنىتىلدى ھەمدە «ئاپتونوم رايوندا كوللېكتىپ توختامنى ماسلاشتۇرۇش يىغىنى تۈزۈمىنى ئورنىتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» بىرلىكتە تارقىتىلدى.

يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايوندا 2 مىليون 240 مىڭ ئىشچى - خىزمەتچى ئەمگەك توختامى ئىمزالىدى؛ 4700 كارخانا كوللېكتىپ ئەمگەك توختامى ئىمزالىدى، بۇ، توختام ئىمزالاشقا تېگىشلىك ئومۇمىي كارخانىلارنىڭ %38 ىنى تەشكىل قىلدى.

خې شىڭۋېي

## ئەمگەك ماجىرالىرىنى بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتى

ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى 1999 - يىلى

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ئىشلىرىدا تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىش دەسلەپكى لايىھىسى»نى تۈزۈپ تارقاتتى، ئۇنىڭدا تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى قانۇنىي ئاساس، نىشان، ئۇسۇللار ھەم تەشكىل ۋە خادىملار يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايوننىڭ تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتى قېلىپلاشتۇرۇش، تۈزۈملەشتۈرۈش ۋە قانۇنلاشتۇرۇش ئىزىغا چۈشۈرۈلدى، ئەمگەك ماجىرالىرىنى بىر تەرەپ قىلىش تۈزۈمى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئەمگەك ماجىرالىرىنى كېسىم قىلىش كومىتېتلىرى ھەرخىل ئەمگەك ماجىراسى دېلوسىدىن 1425نى قوبۇل قىلدى، بۇ دېلولار 3390 ئىشچى - خىزمەتچىگە چېتىلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە كوللېكتىپ دېلو 73 بولۇپ، 1445 ئىشچى - خىزمەتچىگە چېتىلىدۇ، دېلو ئاياغلاشتۇرۇش نىسبىتى %95كە يەتتى.

خې شىگۈيى

## ئەمگەك مەمۇرىي تەپتىشلىكى خىزمىتى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئەمگەك تارماقلىرى ئەمگەك مەمۇرىي تەپتىشلىكىدىكى قانۇن ئىجرا قىلىش سالمىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ، ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت مەمۇرىي تەپتىشلىكى خىزمىتىنى ھەر تەرەپلىمە ۋە كۆپ قاتلام بويىچە قانات يايدۇردى. 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەمگەكنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش نىزامى»نى قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى، بۇ نىزام 2000 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن رەسمىي يولغا قويۇلدى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت تارماقلىرى 25 مىليون يۈەن پېنسىيە سۇغۇرتا خىراجىتىنى، 7 مىليون 300 مىڭ يۈەن ئىشسىزلىق سۇغۇرتا خىراجىتىنى سۈرۈشتە قىلىپ يىغىۋالدى، 58 مىڭ نۇسخا ئەمگەك توختامىنى تولۇقلاپ ئىمزالىدى، 45 مىڭ ئادەم (قېتىم)گە ئىشقا ئورۇنلىشىش گۇۋاھنامىسى، كارتوچكىسىنى تولۇقلاپ بېجىرىپ بەردى، ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارنىڭ ئەمگەك قانۇن - نىزاملىرى ۋە قائىدىلىرىگە خىلاپ بولغان 193 ئىشنى تۈزەتتى، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 1980نى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، دېلو ئاياغلاشتۇرۇش نىسبىتى %90.2 بولدى.

خې شىگۈيى

## كەسپىي ماھارەت يېتىلدۈرۈش ئەھۋالى

ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى 1999 - يىلى دۆلەتنىڭ غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ ئىختىساسلىق تېخنىكا خادىملىرىغا بولغان ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش يۈزىسىدىن، ئاپتونوم رايوندىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر قوشۇنىنىڭ تېخنىكا دەرىجىسى ئەھۋالىنى تۇنجى قېتىم ستاتىستىكىلىق تەكشۈردى. بۇ جەرياندا جەمئىي 819 مىڭ 200 ئىشچى - خىزمەتچى تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە تېخنىكتىن يۇقىرىلار 3240 ئادەم بولۇپ، تەكشۈرۈلگەن ئىشچى - خىزمەتچىلەر سانىنىڭ %0.4نى تەشكىل قىلدى؛ ئالىي دەرىجىلىك ئىشچى 41 مىڭ 740 بولۇپ، %5.1نى تەشكىل قىلدى؛ ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئىشچى 131 مىڭ 100 بولۇپ، %16نى تەشكىل قىلدى؛ ياردەمچى ئىشچى 213 مىڭ 620 بولۇپ، %26.07نى تەشكىل قىلدى؛ ياردەمچى ئىشچىدىن تۆۋەنلەر 429 مىڭ 500 بولۇپ، %52.43نى تەشكىل قىلدى. ستاتىستىكا ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئاپتونوم رايوندىكى ئالىي دەرىجىلىك تېخنىك ئىشچىلار مەملىكەت

---

## ماتېرىيال

## ئەمگەك تەييارلىقى تۈزۈمى

ئەمگەك تەييارلىقى تۈزۈمى دېگەندە ئەمگەكچىلەرنى ئىشقا ئورۇنلىشىشتىن ئىلگىرى كەسپىي جەھەتتە يېتىشتۈرۈپ ۋە تەربىيىلەپ، ماھارەت جەھەتتە يېتىشتۈرۈش، كەسپىي نەزەرىيە ئۆگىتىش، زۆرۈر بولغان ئومۇمىي ساۋات بىلىملىرىنى ئۆگىتىش ۋە ئىگىلىك يارىتىش ئىقتىدارى جەھەتتە تەربىيىلەش ئارقىلىق ئۇلارنى مەلۇم كەسپىي ماھارەتكە ۋە كەسپتىكى ئۆزگىرىشكە ماسلىشىش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەمگەك تەييارلىقى تۈزۈمى بويىچە تەربىيىلەشكە قاتنىشىدىغان خادىملار، ئاساسەن، شەھەر، بازارلاردىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈپ داۋاملىق ئۆرلەپ ئوقۇيالمايدىغان ئوقۇغۇچىلار ۋە يېزىلاردىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈپ داۋاملىق يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇيالمايدىغان ئوقۇغۇچىلاردىن يېزا ئىگىلىكىدىن باشقا كەسىپلەرگە ياكى شەھەرگە كىرىپ ئىشلەمچىلىك بىلەن شۇغۇللانماقچى بولغانلاردىن ئىبارەت. شەھەر، بازارلاردىكى ئىشسىز خادىملار ۋە دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر ناۋادا كەسىپ ئالماشتۇرماقچى، ئىش ئورنىنى يەڭگۈشلىمەكچى ياكى كەسپىي سالاھىيىتىگە لايىق خىزمەت بىلەن شۇغۇللانماقچى بولسا، ئۇلارمۇ تەربىيىلەشكە قاتنىشىپ، مۇناسىپ كەسپىي سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشىشى لازىم. تەربىيىلەش ۋاقتى كۇرسانتلارنىڭ مەلۇمات ئاساسى

بويىچە ئوتتۇرىچە سەۋىيەدىن خېلىلا تۆۋەن تۇرىدىكەن؛ تارقىلىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئاپتونوم رايوندا ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق كارخانىلاردىكى ئالىي ئىشچىلارنىڭ ئىگىلىگەن سالمىقى جايلارغا قاراشلىق كارخانىلارنىڭكىدىن يۇقىرى تۇرىدىكەن.

6 - ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەش ئۇنىۋېرسال بازىلىرى خىزمەت يىغىنى قۇمۇل شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا ئۇنىۋېرسال بازا قۇرۇش توغرىسىدىكى كونكرېت پىكىر ۋە يولغا قويۇش لايىھىسى بېكىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاقسۇ، بايىنغولىن، شىنجاڭ نېفىت خىمىيە سانائىتى كەسپىي ماھارەت يېتىلدۈرۈش گۇرۇھلىرى كەينى - كەينىدىن قۇرۇلدى. بۇ، ئاپتونوم رايونىنىڭ كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىدىكى بىر مۇھىم تەدبىر، رىقابەت مېخانىزمىنى كىرگۈزۈپ، كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەش مائارىپى بايلىقىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش، ئەۋزەللىكنى ئۆز ئارا تولۇقلاش ۋە كۆلەملىك ئۈنۈمنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇشنىڭ بىر خىل ئۈنۈملۈك شەكلى، ئۇ ئەمگەكچىلەرنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى يېتىلدۈرۈپ ۋە ئۆستۈرۈپ، «ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش، تەربىيىلەش، باھالاش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش» بويىچە يۈرۈشلەشكەن مۇلازىمەتنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا پايدىلىق.

1999 - يىلى كەسپىي سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى بىلەن ئوقۇش تارىخى گۇۋاھنامىسىگە تەڭ ئېتىبار بېرىشتەك قوش گۇۋاھنامە تۈزۈمى ئورنىتىلىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىجازىتى قاتتىق تىزگىنلەندى. تېخنىكا خاراكتېرلىك كەسىپ (ئىش تۈرى) بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئەمگەكچىلەرگە كەسپىي سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، گۇۋاھنامە بىلەن ئىش ئورنىغا چىقىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، «ئاۋۋال تەربىيىلەش، ئاندىن كېيىن ئىش ئورنىغا چىقىش، ئاۋۋال تەربىيىلەش، ئاندىن كېيىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش»تىن ئىبارەت ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتى بىلەن بىرلىكتە ئالىي تېخنىكوم ئوقۇش تارىخى ۋە ئالىي ئىشچىلىق گۇۋاھنامىسىدىن ئىبارەت قوش گۇۋاھنامە ئېلىش كۇرسى سىناق تەرىقىسىدە ئېچىلدى. دۆلەت ئېلان قىلغان ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئىجازەت قىلىنىدىغان كەسىپلەر (ئىش تۈرلىرى) ئاساسىدا، دېھقانچىلىق نازارىتى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ئاپتونوم رايوندىكى دېھقانچىلىق دورىلىرىنى باشقۇرغۇچى ۋە ساتقۇچى خادىملارغا كەسپىي سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىجتىمائىي كۈچلەر ئاچقان كەسپىي ماھارەت يېتىشتۈرۈش ئاپپاراتلىرىنى باشقۇرۇش چارىسى (سىناق نۇسخا)» ۋە «باھالاش تەپسىلىي قائىدىسى» تۈزۈپ چىقىلدى، باھالاش تەپسىلىي قائىدىسىگە ئاساسەن، ئىجتىمائىي تەربىيىلەش ئاپپاراتلىرى باھالاندى ۋە تەكشۈرۈلدى، لاياقەتلىك بولمىغانلارغا تەرتىپكە سېلىش ۋە ئۆزگەرتىش مۆھلىتى بەلگىلەپ بېرىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىجتىمائىي تەربىيىلەش ئاپپاراتى 73، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى رايونىدىكىسى 46، تەربىيىلەيدىغان كەسىپ 161، شۇ يىلى 30 مىڭغا يېقىن ئادەم تەربىيىلەندى.

خې شىڭۋېي

## كەسپىي ماھارەتنى باھالاش ئەھۋالى

ئاپتونوم رايون بويىچە 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى كەسپىي ماھارەتنى باھالاش مەركىزى 27، باھالاش ئورنى 97، باھالاش پونكىتى 77؛ باھالىغۇچى 3700، سۈپەت يېتەكچىسى 203. ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت مىنىستىرلىكىنىڭ تەستىقى بىلەن، ئاپتونوم رايونىنىڭ كەسپىي ماھارەتنى

شەرت - شارائىتى ۋە تەربىيىلىنىدىغان كەسىپ تەلىپىگە ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ. تېخنىكا كەسپى (ئىش تۈرى) دىكىلەرنىڭ ئادەتتە 2 يىلدىن يۇقىرى، غەيرىي تېخنىكا كەسپى (ئىش تۈرى) دىكىلەرنىڭ ئادەتتە بىر يىلدىن يۇقىرى بولۇشى كېرەك، ئالاھىدە كەسىپتىكىلەر (ئىش تۈرىدىكىلەر) نى تەربىيىلەش مۆھلىتى ساھە ياكى كارخانىنىڭ تەلىپى بويىچە، ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت تارماقلىرى تەكشۈرۈپ تەستىقلىگەندىن كېيىن مۇۋاپىق ئەڭشەلسە بولىدۇ. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ تەربىيىلىنىش ۋاقتىنى جايلار ئۆز ئالدىغا بەلگىلەيدۇ. ئوخشاش كەسىپتىكىلەر (ئىش تۈرىدىكىلەر) ئىچىدە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەربىيىلىنىش ۋاقتى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭكىدىن ئۇشۇق بولۇشى لازىم. مەكتەپ ئېچىش شارائىتىغا ئىگە بولغان، تەربىيىلەش سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلالايدىغان مەكتەپ باشقۇرغۇچى ئورۇنلار، مەسىلەن: ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوملار، تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرى، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تەلىم - تەربىيە مەركەزلىرى، كەسپىي مەكتەپلەر ۋە ئىجتىمائىي تەربىيىلەش ئاپپاراتلىرى ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت تارماقلىرى تەرىپىدىن سالاھىيىتى تەكشۈرۈلگەن ۋە ئېتىراپ قىلىنغاندىن كېيىن، ئەمگەك تەييارلىقى تۈزۈمى بويىچە تەربىيىلەشنى قانات يايدۇرسا بولىدۇ.

خې شىڭۋېي

باھالىنىشى دۆلەت تىپا ئامبىرى يەرلىك شۆبە ئامبىرىنى يۈرۈشتۈرۈش سالاھىيىتىگە ئېرىشتى، 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن 50 ئامىباب كەسىپتىكى (ئىش تۈرىدىكى) دۆلەت ئىمتىھان سوئالى ئامبىرى رەسمىي ئىشقا كىرىشتى، ئامىباب كەسىپتىكى (ئىش تۈرىدىكى) ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىمتىھان قەغەزى ئامبىرىدىن 20 سى پۈتتى، دۆلەت تىپا ئامبىرى بىلەن تورلاشتۇرۇلغان كومپيۇتېر سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلىندى. ش ئۇ ئا ر تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىگە قارىتا بىر تۇتاش باھالاش يولغا قويۇلۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى بىلەن ش ئۇ ئا ر مائارىپ كومىتېتى بىرلىكتە «ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكوم، كەسپىي مەكتەپ، كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا كەسپىي ماھارەتنى باھالاشنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى ھەمدە شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنستىتۇتىدا كاتىپلىق كەسپى بويىچە كەسپىي ماھارەتنى باھالاشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى ئىشلىدى. شۇ يىلى ھەرخىل مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن 11 مىڭ 960 ئوقۇغۇچى بىر تۇتاش باھالاشقا قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە تۆۋەن دەرىجىلىكى 3069، ئوتتۇرا دەرىجىلىكى 8891؛ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە قاراشلىق تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرى، كەسپىي تېخنىكا مەكتەپلىرىدىن قاتناشقىنى 3552، ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرى، كەسپىي تېخنىكا مەكتەپلىرىدىن قاتناشقىنى 8408. نەزەرىيە ئىمتىھانىدىن ئوتتۇرىچە ئۆتۈش نىسبىتى %93.3، مەشغۇلات ئىمتىھانىدىن ئوتتۇرىچە ئۆتۈش نىسبىتى %77 بولدى. ئاپتونوم رايوننىڭ دۆلەت كارخانىلىرىدىكى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يۈزىسىدىن تەربىيىلىنىۋاتقان ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان 1085 ئىشچى - خىزمەتچى كەسپىي ماھارەت جەھەتتىن باھالاندى، بۇنىڭ ئىچىدە 176 سى ئىش ئورنى گۇۋاھنامىسىگە، 850ى تۆۋەن دەرىجىلىك گۇۋاھنامىگە، 59ى ئوتتۇرا دەرىجىلىك گۇۋاھنامىگە ئېرىشتى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە كەسپىي ماھارەتنى باھالاشقا جەمئىي 13 مىڭ 286 ئادەم قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە تۆۋەن دەرىجىلىك گۇۋاھنامىگە ئېرىشكىنى 4581، ئوتتۇرا دەرىجىلىك گۇۋاھنامىگە ئېرىشكىنى 4884، ئالىي دەرىجىلىك گۇۋاھنامىگە ئېرىشكىنى 2123، تېخنىك سالاھىيىتىگە ئېرىشكىنى 247، ئالىي تېخنىك سالاھىيىتىگە ئېرىشكىنى 79.

خې شىڭۋېي

## ئەمگەك ئۇنۇۋان ئىسلاھاتى خىزمىتى

ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى 1999 - يىلى 3 كەسىپتىكى تېخنىكا خادىملىرىنىڭ جەمئىي 134 نۇسخا ۋەزىپە باھالاش ماتېرىيالىنى قوبۇل قىلىپ قاراپ چىقتى، 102 ئادەم باھالاشتىن ئۆتتى. بۇنىڭ ئىچىدە تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرىنىڭ ئوتتۇرا، ئالىي دەرىجىلىك تېخنىكا ۋەزىپىسىگە باھالانغىنى 78؛ ئەمگەك - ئىقتىساد كەسپى بويىچە ئالىي دەرىجىلىك تېخنىكا ۋەزىپىسىگە باھالانغىنى 18، ئەمگەك بىخەتەرلىكى تېخنىكىسى بويىچە ئوتتۇرا، ئالىي دەرىجىلىك تېخنىكا ۋەزىپىسىگە باھالانغىنى 6.

خې شىڭۋېي

## ئەمگەك بىخەتەرلىكى ۋە تازىلىقىنى ھەر تەرەپلىمە باشقۇرۇش خىزمىتى

1. كەسىپلەر بويىچە بىخەتەرلىك، تازىلىق ئىشلىرى ئۈستىدىن مەمۇرىي تەپتىشلىك قىلىندى. 1999 - يىلى ئالاھىدە ئۈسكۈنىلەر، بىناكارلىق - قۇراشتۇرۇش كارخانىلىرى، زىيىنى چوڭراق بولغان ئورۇنلارنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈستىدىكى مەمۇرىي تەپتىشلىك نۇقتىلىق قانات يايدۇرۇلدى. ئاپتونوم رايوندىكى كىران ماشىنىلىرى (لىفت) ياسايدىغان، قۇراشتۇرىدىغان، رېمونت قىلىدىغان ئورۇنلارنىڭ بىخەتەرلىك ئىجازەتنامىسى ئۈستىدىن گۇۋاھلىق بېرىش خىزمىتى ئىشلەندى، تەلەپكە ئۇيغۇن كېلىدىغان 95 ئورۇنغا كىران ماشىنىلىرى (لىفت) ياساش، قۇراشتۇرۇش، رېمونت قىلىش ئىجازەتنامىسى بېرىلدى. بىناكارلىق - قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇش كارخانىلىرىنىڭ بىخەتەرلىك سالاھىيىتى ئۈستىدىن گۇۋاھلىق بېرىش ۋە قايتا تەكشۈرۈش خىزمىتى ئىشلەندى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىناكارلىق - قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇش كارخانىلىرىنىڭ ھەرخىل بىخەتەرلىك قائىدە - تۈزۈملىرى، ئالاھىدە مەشغۇلات خادىملىرىنىڭ ئىش ئورنىغا گۇۋاھنامە بىلەن چىقىش تۈزۈمى قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، بىناكارلىق قۇرۇلۇش بازارلىرى يەنىمۇ ئۆلچەملەشتۈرۈلدى. 3 جەھەتتە بىرلا ۋاقىتتا مەمۇرىي تەپتىشلىك قىلىنىدىغان 35 قۇرۇلۇش تۈرىدە ئۆتكەل چىڭ ئېگىلىنىپ، يېڭى ياسىلىۋاتقان قۇرۇلۇش تۈرلىرىدىكى يوشۇرۇن خەۋپ-خەتەرلەرنىڭ ئالدى ئېلىندى. 6 كارخانىنىڭ سانائەت تازىلىقى ئۆلچەپ تەكشۈرۈلدى، ئەمگەك مۇھاپىزەت بۇيۇملىرى ئىشلەپچىقىرىدىغان 68 كارخانىنىڭ مەھسۇلات سۈپىتى ئۈستىدىن مەمۇرىي تەپتىشلىك قىلىندى.

2. پار قازان بېسىملىق قاچىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈستىدىن مەمۇرىي تەپتىشلىك قىلىندى. ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى 1999 - يىل 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پارقازان قۇراشتۇرۇشنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش قائىدىسىنى تۈزۈپ تارقاتتى. پارقازان رېمونت قىلىش، ئۆزگەرتىش لايىھىسىدىن

35ى تەكشۈرۈپ تەستىقلىنىپ، كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى نورمال ئىزغا سېلىندى. ئاپتونوم رايوندىكى پار قازان بېسىملىق قاچىلىرىنى ياسايدىغان ئورۇنلارغا گۇۋاھنامە بېرىش ۋە گۇۋاھنامىنى يەڭگۈشلەپ بېرىشنى قايتا تەكشۈرۈش خىزمىتى تاماملاندى. شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى 2 - ماشىنىسازلىق زاۋۇتىنىڭ نېفىتلىككە گاز بېرىش پار قازىنىنى ياساش سالاھىيىتىگە ئىگە بولۇش ئىلتىماسى ئۈستىدە گۇۋاھنامىگە ئېرىشىش تەكشۈرۈشى ئېلىپ بېرىلدى؛ شىنجاڭ نېفىت خىمىيە سانائىتى ماشىنىلىرى زاۋۇتىنىڭ «AR2» ھەم بېسىملىق قاچىلار ياساش سالاھىيىتى ئۈستىدە گۇۋاھنامە يەڭگۈشلەش تەكشۈرۈشى ئېلىپ بېرىلدى؛ قاراماي نېفىت ئايرىش زاۋۇتى قۇرۇلۇش باشقارمىسىنىڭ «BR1» ھەم بېسىملىق قاچا ياساش سالاھىيىتى ئۈستىدە گۇۋاھنامىگە ئېرىشىش تەكشۈرۈشى ئېلىپ بېرىلدى. گاز قاچىسىغا گاز قاچىلىغۇچى ئورۇنلار، تەكشۈرگۈچى ئورۇنلارنىڭ گۇۋاھنامە ئېلىشى ۋە يەڭگۈشلىشى ئۈستىدىكى، بېسىملىق قاچىلارنى، يۇقىرى بېسىملىق ئوكسىگېن بۆلىكىنى رېمونت قىلىش ۋە ئۆزگەرتىش لايىھىسى ئۈستىدىكى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى. ئۈرۈمچى گاز شىركىتى ۋە ئىسسىقلىق ئېنېرگىيە شىركىتى قاتارلىق ئورۇنلاردا پار قازان بېسىملىق قاچىلىرىنى بىخەتەر باشقۇرۇش خىزمىتى ئۈستىدە مەخسۇس بىخەتەرلىك تەكشۈرۈشى ئېلىپ بېرىلدى؛ ئىنتىزامغا، قائىدە - نىزامغا خىلاپلىق قىلغان شىنجاڭ شەھەرلىك سانائەت پار قازىنىنى قوراشتۇرۇش شىركىتى قاتارلىق ئورۇنلارغا جەرىمانە قويۇلدى.

3. كان بىخەتەرلىكى ۋە تازىلىقى ئۈستىدىن مەمۇرىي تەپتىشلىك قىلىندى. 1999 - يىلىنىڭ بېشىدا ئەمگەك نازارىتى، ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلار نازارىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەمگەك ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلاردىن تەشكىللەنگەن بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئۈرۈمچى رايونىدىكى كانچىلىق كارخانىلىرىنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى بىر قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈردى. تەكشۈرۈش داۋامىدا 6 كان قۇدۇقى ئىشلەپچىقىرىشنى توختىتىشقا، 8 كان قۇدۇقى بەلگىلىك مۇھلەت ئىچىدە تەرتىپكە سېلىش ۋە ئۆزگەرتىشكە بۇيرۇلدى، ئالاھىدە ئىش ئورنىدا ئىش ئورنىغا گۇۋاھنامىسىز چىققان 4 ئادەم تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. كانچىلىق كارخانىلىرىنىڭ بىخەتەرلىك شارائىتىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ گۇۋاھلىق بېرىش كۈچەيتىلدى، كان قۇرۇلۇشى قىلىدىغان ئورۇنلارنىڭ بىخەتەرلىك سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش ۋە كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش چىڭىتىلدى. ئاپتونوم رايوندىكى %80تىن ئارتۇق كانچىلىق كارخانىسى بىخەتەرلىك شارائىتى بويىچە لاياقەت گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى.

4. بىخەتەرلىك تەربىيىسى كۈچەيتىلىپ، گۇۋاھنامە تارقىتىپ باشقۇرۇش چىڭىتىلدى. ئىش ئورنىغا گۇۋاھنامىسىز چىقىش تۈگىتىلدى. مۇشۇ يىلى 19 قارار ھەرخىل بىخەتەرلىك كۇرسى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، جەمئىي 5748 ئادەم تەربىيىلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە كان (زاۋۇت) باشلىقى 1300، ئېلېكتر ئىشچىسى 1682، كەپشەرلەش ئىشچىسى 1141، كىران ئىشچىسى 1075، بېسىملىق قاچىلارنى تەكشۈرگۈچى قاتارلىقلار 130، باشقىلار 420.

خې شىڭۋېي

## ئەمگەك بىخەتەرلىكى ھادىسىلىرى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ غەيرىي كانچىلىق كارخانىلىرىدا 219 قېتىم ئۆلۈم - يارىدار بولۇش ھادىسىسى يۈز بېرىپ، 144 ئادەم ئۆلدى، 113 ئادەم ئېغىر يارىلاندى. بىر قېتىمدا 3 تىن ئارتۇق ئادەم ئۆلۈشتەك ئېغىر ئۆلۈم - يارىدار بولۇش ھادىسىسى بىر قېتىم يۈز بېرىپ، 4 ئادەم ئۆلدى، 2 ئادەم ئېغىر يارىلاندى، ئۆلۈم - يارىدار بولۇش ھادىسىسىنىڭ قېتىم سانى 1998 - يىلدىكىدىن 6 قېتىم ئازايدى، ئۆلگەن ئادەم سانى %83.33 ئازايدى. ئاپتونوم رايوندىكى كانچىلىق كارخانىلىرىدا 249 قېتىم ئۆلۈم - يارىدار بولۇش ھادىسىسى يۈز بېرىپ، 346 ئادەم ئۆلدى، 35 ئادەم ئېغىر يارىلاندى، ئۆلۈم - يارىدار بولۇش ھادىسىسى 1998 - يىلدىكىدىن %7.78 ئازايدى، ئۆلگەن ئادەم سانى %5.49 كۆپەيدى، ئېغىر يارىلانغان ئادەم سانى %16.67 ئازايدى؛ بىر قېتىمدا 3 تىن ئارتۇق ئادەم ئۆلۈشتەك ئېغىر ئۆلۈم - يارىدار بولۇش ھادىسىسى 21 قېتىم يۈز بېرىپ، 105 ئادەم ئۆلدى، 12 ئادەم ئېغىر يارىلاندى، ھادىسە قېتىم سانى %16.67، ئۆلگەن ئادەم سانى %28.05، ئېغىر يارىلانغان ئادەم سانى %20 كۆپەيدى.

خې شىڭۋېي

## قىيىنچىلىقى ئېغىر كارخانىلارنى ئېتىراپ قىلىش ئەھۋالى

ئاپتونوم رايوندا ئەسلىدىكى قىيىنچىلىقى ئېغىر دۆلەت كارخانىسى 376، ئىشچى - خىزمەتچىسى 105 مىڭ 481 ئىدى. 1999- يىلى تەكشۈرۈش ئارقىلىق 170 كارخانا، 44 مىڭ 869 ئادەمنى قىيىنچىلىقى ئېغىر دەپ ئېتىراپ قىلىشنى بىكار قىلىش قارار قىلىندى، كارخانا سانى %45.2، ئادەم سانى %42.54 ئازايدى. شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان 206 كارخانا، 60 مىڭ 612 ئىشچى - خىزمەتچى داۋاملىق ئېتىراپ قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق كارخانا 32، ئىشچى - خىزمەتچىسى 25 مىڭ 91؛ ۋىلايەت،

ئوبلاست، شەھەرلەرگە قاراشلىق كارخانا 174، ئىشچى - خىزمەتچىسى 35 مىڭ 521. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئېتىراپ قىلىنغان قىيىنچىلىقى ئېغىر دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ كۆچكە ئىگە بولۇش ۋاقتى 1999 - يىل 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 2000 - يىل 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگىچە بولىدۇ.

خې شىڭۋېي

# ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەكشۈرۈش ئەھۋالى

## شەھەر ئائىلىلىرىنىڭ كىرىمى ئاشتى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئۈرۈمچى، قەشقەر، غۇلجا، خوتەن، چۆچەك، قارامايدىن ئىبارەت 6 شەھەردىكى 740 ئائىلە ئائىلىسىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدا كۆرسىتىلىشىچە، 1999 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئائىلىلىرىنىڭ ئىختىيارىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 5428.91 يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %5.8 ئاشقان، باھا ئۆسكەنلىك ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە، ئەمەلىيەتتە، %8.29 ئاشقان. ئائىلىلەر كىرىمىنىڭ ئېشىشىدىكى ئاساسلىق ئامىل 2، بۇنىڭ بىرى، سىياسەت خاراكتېرلىك مائاش تەڭشەش ئائىلىلەر كىرىمىنىڭ ئېشىشىغا تۈرتكە بولدى. 1999 -يىل 9 - ئايدا دۆلەت كىرىم تەقسىمات سىياسىتىنى تەرتىپكە سېلىشنى قارار قىلدى، 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش كاپالىتى، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى ۋە شەھەر - بازارلارنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى سىزىقى ئۆلچىمى %30 ئۆستۈرۈلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىدارىلەر، كارخانا ئورۇنلىرى ۋە كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشى ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىملارنىڭ دەم ئېلىش، پېنسىيە پۇلى ئۆستۈرۈلدى. 9 - ئايدىن تارتىپ ئىشچى - خىزمەتچىلەر مائاشىنىڭ كۆرۈنەرلىك ئېشىشى يىللىق ئوتتۇرىچە سەۋىيىنىڭ ئېشىشىغا بەلگىلىك دەرىجىدە تۈرتكە بولدى. يەنە بىرى، دەم ئېلىش، پېنسىيە پۇلى، باشقا ئەمگەك ۋە يەككە ئەمگەك قاتارلىق غەيرىي مائاش خاراكتېرلىك كىرىم كۆرۈنەرلىك ئاشتى. تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، 1999 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئائىلىلىرىنىڭ دەم ئېلىش، پېنسىيە پۇلىدىن قىلغان كىرىمى 984.41 يۈەن بولۇپ، ئائىلىلەر ئىختىيارىدىكى كىرىمنىڭ %13.18نى ئىگىلىگەن، بۇ، 1998 - يىلدىكىدىن %55.34 ئاشقان؛ شەھەر ئائىلىلىرىنىڭ يەككە ئەمگەكتىن قىلغان كىرىمى 231.51 يۈەنگە يېتىپ، %94.27 ئاشقان، باشقا ئەمگەكلەردىن قىلغان كىرىمى 64.41 يۈەنگە يېتىپ، %97.49 ئاشقان.

تۇرسۇنئاي

## ئائىلىلەرنىڭ ئىستېمال چىقىمى كۆرۈنەرلىك ھالدا قايتا ئۆرلىدى

ستاتىستىكىغا قارىغاندا، 1999 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەرلەردە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 21 مىليارد 396 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %8.1 ئاشقان. ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئۈرۈمچى، قەشقەر، غۇلجا، خوتەن، چۆچەك، قارامايدىن ئىبارەت 6 شەھەردىكى 740 ئائىلە ئائىلىسىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدا كۆرسىتىلىشىچە، 1999 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئائىلىلىرىنىڭ ئىستېمال خاراكتېرلىك ئوتتۇرىچە چىقىمى 4319.37 يۈەن بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن %12.21 ئاشقان. ئائىلىلەرنىڭ ئىستېمال چىقىمىدا يېمەك - ئىچمەك ئىستېمال چىقىمى %0.82، كىيىم - كېچەك ئىستېمال چىقىمى %2.83 ئازايغاندىن سىرت، ئائىلە جاھاز، لازىمەتلىكلىرى چىقىمى %61.59، تېببىي داۋالاش - ساقلىق ساقلاش چىقىمى %23.99، قاتناش ۋە ئالاقىلىشىش چىقىمى %19.4، كۆڭۈل ئېچىش، مەدەنىيەت، مائارىپ مۇلازىمىتى چىقىمى %27.62، تۇرالغۇ چىقىمى %42.41، تۈرلۈك تاۋارلار چىقىمى %18.56 ئاشقان.

تۇرسۇنئاي

## ئائىلىلەرنىڭ تېببىي داۋالاش - ساقلىق ساقلاش چىقىمى ئاشتى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ 6 شەھەر، بىر ناھىيىدىكى 790 ئائىلە ئائىلىسىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدا كۆرسىتىلىشىچە، 1999 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئائىلىلىرى ئائىلىلىرىنىڭ تېببىي داۋالاش - ساقلىق ساقلاشقا قىلغان ئوتتۇرىچە چىقىمى 254.1 يۈەن بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن %23.99 ئاشقان، ئومۇمىي ئىستېمال چىقىمىنىڭ %5.88نى ئىگىلەپ، 0.56 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىگەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا تېببىي داۋالاش ئەسۋابلىرى چىقىمى 1.92 يۈەن بولۇپ، %86.41 ئاشقان؛ قۇۋۋەتلەندۈرۈش دورىلىرى چىقىمى 12.84 يۈەن بولۇپ، %59.7 ئاشقان؛ تېببىي داۋالاش - ساقلىق ساقلاش مۇلازىمىتى چىقىمى 64.17 يۈەن بولۇپ، %42.09

ئاشقان. ساقلىق ساقلاش بۇيۇملىرى ۋە تېببىي دورا خىراجىتى چىقىمى 1998 - يىلدىكىدىن كۆپەيگەن، ئاھالىلەر ئائىلىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساقلىق ساقلاش بۇيۇملىرى چىقىمى 2.98 يۈەن بولۇپ، 16.41% ئاشقان؛ تېببىي دورا خىراجىتى چىقىمى 168.18 يۈەن بولۇپ، 14.88% ئاشقان.

پاڭ يەن

## ئەقلىي جەھەتكە سېلىنغان مەبلەغ تېز سۈرئەت بىلەن ئاشتى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ 6 شەھەردىكى 740 ئائىلە ئاھالىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدا كۆرسىتىلىشىچە، 1999 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە مائارىپ چىقىمى 300.5 يۈەن بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 35.8%، 1995 - يىلدىكىدىن بىر ھەسسە ئاشقان، ئىستېمال خاراكتېرلىك چىقىمنىڭ 7%نى ئىگىلەپ، 1998 - يىلدىكىدىن 1.3 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىگەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇش خىراجىتى ۋە پارچە - پۇرات خىراجەتلەر چىقىمى 217.41 يۈەن بولۇپ، 33.9% ئاشقان؛ چوڭلار مائارىپى چىقىمى 30.97 يۈەن بولۇپ، 2.4 ھەسسە ئاشقان؛ سىرتتىن قاتنىشىپ ئاڭلاش خىراجىتى، ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى ۋە پايدىلىنىلىدىغان كىتابلارنى ئىجارىگە بېرىش ھەققى قاتارلىق باشقا مائارىپ خىراجەتلىرى چىقىمى 11.42 يۈەن بولۇپ، 73% ئاشقان.

ساۋ جياڭيەن

## شەھەر - بازار ئاھالىلىرى ئىختىيارىدىكى كىرىمنىڭ مەملىكەت بويىچە ئىگىلىگەن ئورنى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ 6 شەھەر، بىر ناھىيىدىكى 790 ئائىلە ئاھالىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدا كۆرسىتىلىشىچە، 1999 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر - بازار ئاھالىلىرى ئائىلىلىرى ئىختىيارىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىم 5319.76 يۈەنگە يېتىپ، مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرىچە سەۋىيىدىن 534.26 يۈەن تۆۋەن بولغان، 1998 - يىلدىكىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، پەرق 110 يۈەن ئېشىپ، مەملىكەت بويىچە 16 - ئورۇندا تۇرغان. مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى 5 ئورۇندا تۇرغانلار شاڭخەي شەھىرى، بېيجىڭ شەھىرى، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى، جېجياڭ ئۆلكىسى، تيەنجىن شەھىرىدىن ئىبارەت، شىنجاڭنىڭ شاڭخەي شەھىرى بىلەن پەرقى 5366.88 يۈەن، بېيجىڭ شەھىرى بىلەن پەرقى 3863 يۈەن، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى بىلەن پەرقى 3806.16 يۈەن، جېجياڭ ئۆلكىسى بىلەن پەرقى 3108.19 يۈەن، تيەنجىن شەھىرى بىلەن پەرقى 2330.07 يۈەن بولغان؛ ئەڭ ئاخىرىدا تۇرغان خېنەن ئۆلكىسى، جىلىن ئۆلكىسى، گەنسۇ ئۆلكىسى، نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى ۋە سەنشى ئۆلكىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، شىنجاڭ خېنەندىن 787.4 يۈەن، جىلىندىن 839.75 يۈەن، گەنسۇدىن 844.53 يۈەن، نىڭشيادىن 846.85 يۈەن، سەنشىدىن 977.15 يۈەن يۇقىرى بولغان.

پاڭ يەن

## ئاھالىلەرنىڭ بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلىنىڭ ئېشىش ھالىتى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ 6 شەھەردىكى 740 ئائىلە ئاھالىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدا كۆرسىتىلىشىچە، دۆلەت ئاھالىلەرنىڭ كىرىمىنى ئۆستۈرگەن بولسىمۇ، كىشىلەر يەنىلا قاراپ بېقىش پوزىتسىيىسىدە بولۇپ، يۈرەكلىك ئىستېمال قىلىشتا جۈرئەت قىلالمايۋاتىدۇ. 1999 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ بانكىغا ئامانەت قويغان ئوتتۇرىچە پۇلى 905.04 يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 3.75% ئاشقان.

تۇرسۇنئاي

## شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ تۇرالغۇ كۆلىمى ئاشتى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ 6 شەھەردىكى 740 ئائىلە ئاھالىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدا كۆرسىتىلىشىچە، 1999 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ كۆلىمى 14.61 كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 1.1% ئاشقان، ئاھالىلەر ئىگىدارچىلىقىدىكى ئۆي - ئىمارەت 85.1%كە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 7.7 پىرسەنت پوئىنتى كۆپەيگەن. تۇرالغۇ كۆلىمى ئېشىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تۇرالغۇ ئەسلىھەلىرىمۇ كۆرۈنەرلىك ياخشىلانغان. 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، 79% ئائىلە سېكسىيە شەكلىدىكى يۈرۈشلۈك ئۆيلەرگە كىرىپ ئورۇنلاشقان، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ مۇنداق يۈرۈشلۈك ئۆيلەرگە كىرىپ ئورۇنلىشىشى 4.4 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىگەن؛ تازىلىق جابدۇقلىرى يوق ئائىلىلەر 1998 - يىلدىكى 20.6%تىن 13.9%كە چۈشكەن؛ 90.4% ئائىلە تۇرۇبىلىق گاز ياكى سۇيۇقلاندۇرۇلغان نېفىت گازىدىن پايدىلانغان، مۇنداق ئائىلىلەر 4.7 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىگەن؛ 81% ئائىلە مەش، ئوچاق ئارقىلىق ئىسسىنىدىغان بولغان، مۇنداق ئائىلىلەر 3.4 پىرسەنت پوئىنتى ئاشقان؛ ئۆز خىراجىتى بىلەن تېلېفون ئورناتقان ئائىلىلەر 57.7%كە يېتىپ، 6.8 پىرسەنت پوئىنتى

ئاشقان. 1999 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ تۇرالغۇنى يېزەش، رېمونت قىلىشقا قىلغان ئوتتۇرىچە چىقىمى 203.62 يۈەنگە يېتىپ، 1.8 ھەسسە ئاشقان؛ ئۇنىڭ ئىستېمال خاراكتېرىدىكى چىقىمدا ئىگىلىگەن سالمىقى 4.7% بولۇپ، 2.8 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىگەن.

ساۋ جياڭيەن

## شەھەر، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمى بىلەن ئىستېمال چىقىمى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق چوڭايدى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ 6 شەھەردىكى 740 ئائىلە ئاھالىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدا كۆرسىتىلىشىچە، 1999 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىختىيارىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 5428.91 يۈەنگە يەتكەن، دېھقانلارنىڭ ساپ كىرىمى 1473.17 يۈەن بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 7.93% ئازايغان، بۇ، شەھەر ئاھالىلىرى كىرىمىنىڭ 27.14% ىگىلا باراۋەر بولۇپ، 4.04 پىرسەنت پوئىنتى ئازايغان. شەھەر، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمىدىكى پەرق يەنىمۇ چوڭايغان، شۇنىڭ بىلەن ئىستېمال چىقىمىدىكى پەرقنىڭ كۆرۈنەرلىك بولۇشىغا سەۋەبچى بولغان. شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمى ئاشقانلىقتىن، 8 جەھەتتىكى چىقىم ئىچىدە يېمەك - ئىچمەك چىقىمى 0.82%، كىيىم - كېچەك چىقىمى 2.83% ئازايغاندىن سىرت، ئائىلە جاھاز - لازىمەتلىكلىرى ۋە مۇلازىمەت چىقىمى 61.59%، تېببىي داۋالاش - ساقلىق ساقلاش چىقىمى 23.99%، قاتناش ۋە ئالاقىلىشىش چىقىمى 19.41%، كۆڭۈل ئېچىش، مەدەنىيەت، مائارىپ مۇلازىمىتى چىقىمى 27.62%، تۇرالغۇ چىقىمى 42.42%، تۈرلۈك تاۋارلار ۋە مۇلازىمەت چىقىمى 18.56% ئاشقان؛ دېھقانلارنىڭ 8 چوڭ تۈردىكى ئىستېمال چىقىمى ئىچىدە كۆڭۈل ئېچىش، مەدەنىيەت، مائارىپ مۇلازىمىتى چىقىمى 5.47% ئۆرلىگەندىن سىرت، باشقا چىقىملىرى ئازايغان، بۇنىڭ ئىچىدە يېمەك - ئىچمەك چىقىمى 3.78%، كىيىم - كېچەك چىقىمى 19.08%، جاھاز - لازىمەتلىكلەر ۋە مۇلازىمەت چىقىمى 23.18%، تېببىي داۋالاش - ساقلىق ساقلاش چىقىمى 26.93%، قاتناش ۋە ئالاقىلىشىش چىقىمى 21.1%، تۈرلۈك تاۋارلار ۋە مۇلازىمەت چىقىمى 14.48% ئازايغان.

پاڭ يەن

## چىدامىلىق ئىستېمال بۇيۇملىرى بازىرىدا ئۆزگىرىش بولدى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ 6 شەھەردىكى 740 ئائىلە ئاھالىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدا كۆرسىتىلىشىچە، شىنجاڭدىكى چىدامىلىق ئىستېمال بۇيۇملىرى بازىرىدا تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەر كۆرۈلگەن: 1. يېڭى مودا بولۇۋاتقان مەھسۇلاتلار شەھەر ئاھالىلىرى قوغلىشىدىغان مەھسۇلاتلار بولۇپ قالغان. 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭدىكى شەھەرلەردە ھەر 100 ئائىلىگە توغرا كېلىدىغان يانفونلار 1.94 كە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 246.43% ئاشقان؛ لازېر نۇرلۇق سىنئويغۇ 23.59 غا يېتىپ، 144.96% ئاشقان؛ مىكرو دولقۇنلۇق دوخۇپكا 4.33 كە يېتىپ، 233.08% ئاشقان؛ ساغلاملىق سايمانلىرى 3.54 كە يېتىپ، 91.35% ئاشقان؛ ئائىلىدە ئىشلىتىلىدىغان كومپيۇتېر 2.95 كە يېتىپ، 99.32% ئاشقان. 2. شەھەر ئاھالىلىرى 3 چوڭ ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىدا توپۇنۇشقا يۈزلەنگەن. 1999- يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭدىكى شەھەرلەردە ھەر 100 ئائىلە ئاھالىگە توغرا كېلىدىغان رەڭلىك تېلېۋىزور 104.92 گە يېتىپ، 2.45% ئاشقان؛ توڭلاتقۇ 82.84 كە يېتىپ، 4.52% ئاشقان؛ كىر ئالغۇ 93.44 كە يېتىپ، 2.68% ئاشقان. 3. ئىستېمال جەھەتتىكى يېڭى ساھەگە يۈزلىنىشكە باشلىغان. 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭدىكى شەھەرلەردە ھەر 100 ئائىلە ئاھالىگە توغرا كېلىدىغان مۇزلىتىش ئىشكاپى 3.03 كە يېتىپ، 36.49% ئاشقان؛ تېلېكامېرا 1.44 كە يېتىپ، 54.84% ئاشقان؛ چاڭ سۈمۈرگۈ 22.71 گە يېتىپ، 75.79% ئاشقان. 4. بازىرى كاساتلاشقان چىدامىلىق ئىستېمال بۇيۇملىرى بارلىق چىدامىلىق ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ 37.14% ىنى ئىگىلىگەن.

پاڭ يەن

## شەھەرلەردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئائىلە تۇرمۇشى ئومۇميۈزلۈك ياخشىلاندى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ 6 شەھەردىكى 740 ئائىلە ئاھالىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدا كۆرسىتىلىشىچە، 1999 - يىلى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئائىلە كىرىمى ۋە چىقىمى داۋاملىق ئېشىپ، تۇرمۇش سەۋىيىسى يەنىمۇ ياخشىلانغان.

1. شەھەرلەردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئائىلىلىرىنىڭ نوپۇسىدا ئۆزگىرىش بولغان. 1999 - يىلى شەھەرلەردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئائىلىلىرىدىكى ئوتتۇرىچە نوپۇس 3.86 بولۇپ، 1995 - يىلدىكىدىن 0.39 ئادەم ئازايغان. ئائىلىلەردىكى كىرىم قىلىدىغان ئوتتۇرىچە ئادەم سانى 1.89 بولۇپ، ئائىلە نوپۇسىنىڭ 48.96% ىنى ئىگىلىگەن، بۇ،

1995 - يىلدىكىدىن 0.48 پىرسەنت پونكىت ئۆسكەن. 1999 - يىلى كىرىم قىلىدىغان نوپۇسنىڭ يۇقىرى كوئېففىتسېنتى 2.04 بولغان، بۇ، 1995 - يىلى 2.08 بولغان، شەھەرلەردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئائىلە نوپۇسىدىكى ئۆزگىرىش مۇۋاپىقلىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەن.

2. شەھەرلەردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئائىلىلىرىنىڭ كىرىمى ئۈزلۈكسىز ئاشقان. 1999 - يىلى شىنجاڭدا شەھەرلەردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئائىلىلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە ئەمەلىي كىرىمى 3839.36 يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %8.29 ئاشقان؛ ئۇلارنىڭ ئىختىيارىدىكى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىمى 3790.66 يۈەنگە يېتىپ، %8.34 ئاشقان. تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدا كۆرسىتىلىشىچە، شەھەرلەردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئائىلىلىرىنىڭ ئەمەلىي كىرىمىدە مائاش كىرىمى يەنىلا ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇپ، تەخمىنەن %80 ئۈپچۆرىسىنى ئىگىلىگەن. 1999 - يىلى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئائىلىلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە مائاش كىرىمى 2774.83 يۈەنگە يېتىپ، %2.16 ئاشقان.

3. شەھەرلەردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئائىلىلىرىنىڭ تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى يۇقىرى قەدەم بىلەن ئۆسكەن. 1999 - يىلى شىنجاڭدا شەھەرلەردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئائىلىلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ئەمەلىي چىقىمى 3536.41 يۈەن بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن %0.63 ئاشقان؛ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 2968.64 يۈەن بولۇپ، %6.44 ئاشقان.

4. شەھەرلەردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئائىلىلىرىنىڭ ئىستېمال قۇرۇلمىسىدا ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن. 1999 - يىلى 1995 - يىلدىكىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى چىقىمىنىڭ ئىستېمال خاراكتېرلىك چىقىمدا ئىگىلىگەن سالمىقى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىگەن، 1999 - يىلى بۇ 3 تۈرلۈك چىقىمنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا ئىگىلىگەن سالمىقى %67.03 بولغان، 1995 - يىلى بولسا %71.27 بولغان. ۋەھالەنكى تېببىي داۋالاش - ساقلىق ساقلاش، قاتناش ۋە ئالاقىلىشىش، كۆڭۈل ئېچىش، مەدەنىيەت، مائارىپ چىقىملىرىنىڭ سالمىقى سەل ئۆرلىگەن، بۇ چىقىملارنىڭ سالمىقى 1999 - يىلى %21.18، 1995 - يىلى %16.86 بولغان، بۇ ھال شەھەرلەردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئائىلىلىرىنىڭ تۇرمۇش سۈپىتى يەنىمۇ ئۆسكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

ياڭ لىپى

## چېگرا شەھەردىكى خىزمەتتىكى ئاياللارنىڭ تۇرمۇشى ۋە روھىي ھالىتى تەكشۈرۈلدى

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى ئۈرۈمچى شەھىرىدە خىزمەتتىكى بىر قىسىم ئاياللار ئۈستىدە قەغەز يۈزىدە سوئال سوراش شەكلى ئارقىلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. بۇ قېتىم 100 ئادەم تەكشۈرۈلگەن، تەكشۈرۈش ئوبيېكتلىرىنىڭ كەسىپلەرگە بۆلۈنۈشى مۇنداق بولغان: دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ كادىرلىرى %24نى، كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى %25نى، ئىش بېجىرگۈچى خادىملار %10نى، سودا مۇلازىمەت خادىملىرى %14نى، مۇلازىمەت خاراكتېرلىك خىزمەتچى خادىملار %16نى، ئىشچىلار %2نى، ھەربىيلەر %1نى، باشقا خادىملار %8نى ئىگىلىگەن.

1. جەمئىيەتكە كۆڭۈل بۆلىدۇ، مۇقىم كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئىنتىلىدۇ. تەكشۈرۈش داۋامىدا «سىزنىڭ تۆۋەندىكى ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلۈش دەرىجىڭىز قانداق؟» دېگەن سوئال سورالغان، بۇ، ئىچكى ۋە خەلقئارا سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيەت، ئىجتىمائىي ئاپەت، ئىشتىن سىرتقى مەدەنىي ھايات، تۇرمۇش ئىستېمالى، تەنتەربىيە - ساغلاملىقتىن ئىبارەت 5 جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇنىڭ ئىچىدە خىزمەتتىكى ئاياللارنىڭ %63ى ئالدى بىلەن ئىچكى ۋە خەلقئارا سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيەت ھەم ئىجتىمائىي ئاپەت مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن، ئىشتىن سىرتقى مەدەنىي ھايات ۋە تەنتەربىيە، ساغلاملىق مەسىلىلىرىگە كۆڭۈل بۆلىدىغانلار %21نى ئىگىلىگەن، تۇرمۇش ئىستېمالىغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلار بولسا، %16نىلا ئىگىلىگەن. تەكشۈرۈش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ھازىرقى زامان ئاياللىرى كۆپ قىسىم دىققىتىنى ھازىرقى ئىجتىمائىي، سىياسىي ساھەلەرگە قارىتىدىكەن.

2. ئوغلىنىڭ يارامىلىق ئادەم بولۇپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىش - ئانىلارنىڭ ئۆمۈرلۈك ئارزۇسى. «سىز ھەممىدىن كۆڭۈل بۆلىدىغان جەلپكار ئىش نېمە؟» دېگەن سوئالغا ئاياللارنىڭ %52ى «پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەش مەسىلىسى» دەپ جاۋاب بەرگەن، ھازىرقى جەمئىيەتتە ئاياللارنىڭ ئورنى مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلىدىغانلار %34نى ئىگىلىگەن، ئاياللارنىڭ كىيىنىش مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلىدىغانلار بولسا، %7نىلا ئىگىلىگەن.

3. ئائىلە يۈكى ئېغىر، ئۇنى قاچان يەڭگىللەتكىلى بولىدۇ؟ تەكشۈرۈش داۋامىدا ئائىلە يۈكى (ئىدىرىسە - كىيىم - كېچەك سېتىۋېلىش، كىر يۇيۇش، تاماق ئېتىش، بالىغا قاراش) نى

ئاساسەن ئۆزى (ئايال) زىممىسىگە ئېلىپ كېلىۋاتقانلار %55نى ئىگىلىگەن. ئېرى زىممىسىگە ئالىدىغانلار %16نى، ئۆي خىزمەتكارى زىممىسىگە ئالىدىغانلار %5.6نى، ئاتا ـ ئانىسى زىممىسىگە ئالىدىغانلار %9نى ئىگىلىگەن. نىكاھلانمىغان ۋە پەرزەنتى يوق ياش ئاياللارنىڭ ئۆز ئىختىيارىدا ئاز ـ تولا ئىشتىن سىرتقى ۋاقتى بار ئىكەن. ۋاھالەنكى، نىكاھلانغان ۋە پەرزەنتى بار خىزمەتتىكى ئاياللارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلار ھەر كۈنى خىزمەت ۋە ئۆي ئىشلىرى بىلەن بەنت بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئۆز ئىختىيارىدىكى ئىشتىن سىرتقى ۋاقتى ۋە پائالىيەت مەزمۇنى ناھايىتى ئاز ئىكەن.

4. ئىللىق ئائىلە ئەرلەرنىڭ ئېغىرچىلىقىنى تەڭ تارتىشىغا مۇھتاج. «سىز قانداق ئەرنى ياقتۇرسىز؟» دېگەن سوئالغا «بىلىملىك، تەربىيە كۆرگەن ئەرنى ياقتۇرىمەن» دەپ جاۋاب بەرگەنلەر %52نى، «مۇلايىم، باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ئەرنى ياقتۇرىمەن» دەپ جاۋاب بەرگەنلەر %23نى، «ئائىلىنى مەركەز قىلىدىغان ئەرنى ياقتۇرىمەن» دەپ جاۋاب بەرگەنلەر %9نى، «خۇشچاقچاق، ئوچۇق - يورۇق، تېتىك ئەرنى ياقتۇرىمەن» دەپ جاۋاب بەرگەنلەر %3نى، «ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى بار ئەرنى ياقتۇرىمەن» دەپ جاۋاب بەرگەنلەر %9نى ئىگىلىگەن، «ھوقۇقى، جەمئىيەتتە ئورنى بار ئەرنى ياقتۇرىمەن» دەپ جاۋاب بەرگەنلەر %4نىلا ئىگىلىگەن.

5. كەلگۈسىگە تەلپۈنىدۇ، تۇرمۇشنىڭ تېخىمۇ ياخشى بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. «سىز بۇنىڭدىن كېيىن قانداق شەكىلدىكى ۋە شارائىتتىكى تۇرمۇشقا تەلپۈنىسىز؟» دېگەن سوئالغا بېرىلگەن جاۋابتا %52 ئايال گۈزەل مىنۇتلارنى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئېرىنىڭ ئائىلە ئىشلىرىنى قىلالايدىغان بولۇشى، خوتۇنىغا كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە كۆيۈنۈشىنى ئارزۇ قىلىدىغانلار %21نى ئىگىلىگەن. ئىشتىن سىرتقى ھەۋەس يېتىلدۈرۈشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئاياللار %27نى ئىگىلىگەن. ئۇلارنىڭ ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان كەسىپ توغرىسىدىكى ئارزۇسى مۇنداق بولغان: مائاشىنىڭ ئۆسۈشىنى ئارزۇ قىلىدىغانلار %49نى، خىزمىتىنىڭ مۇقىم بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدىغانلار %24نى ئىگىلىگەن. ئوقۇش تارىخىغا ئىگە بىر قىسىم ياش ئاياللار شەخسنىڭ قىممىتىنى جارى قىلدۇرماقچى، سىياسىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىپ، دۆلەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ، مۇنەۋۋەر ئايال ياكى قابىلىيەتلىك ئايال بولماقچى ئىكەن. «ھازىر خىزمەتتە ئېچىگىزنى ھەممىدىن پۇشۇرىدىغان ئىش نېمە؟» دېگەن سوئالغا «خىزمىتىمنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەسلىكى، ئالاھىدىلىكىمنى جارى قىلدۇرالمايۋاتقانلىقىم» دەپ جاۋاب بەرگەن ئاياللار %30نى ئىگىلىگەن.

تۇرسۇنئاي

## قاتناش ۋە ئالاقىلىشىش چىقىمى داۋاملىق ئاشتى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ 6 شەھەردىكى 740 ئائىلە ئاھالىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدا كۆرسىتىلىشىچە، 1999 ـ يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ قاتناش خىراجىتىگە سەرپ قىلغان ئوتتۇرىچە چىقىمى 135.36 يۈەنگە يېتىپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن %26.14 ئاشقان. ئېشىش دەرىجىسى چوڭراق بولغىنى، ئاساسلىقى، ئائىلە قاتناش قوراللىرى بولۇپ، كىشى بېشىغا 17.44 يۈەندىن توغرا كېلىپ، %63.6 ئاشقان. ئاندىن قالسا، قاتناش خىراجىتى چىقىمى بولۇپ، كىشى بېشىغا 111.48 يۈەندىن توغرا كېلىپ، %22.56 ئاشقان؛ يېقىلغۇ ـ توك قاچىلاش خىراجىتى چىقىمى كىشى بېشىغا 0.54 يۈەندىن توغرا كېلىپ، %20 ئاشقان؛ رېمونت ـ مۇلازىمەت خىراجىتى چىقىمى كىشى بېشىغا 5.9 يۈەندىن توغرا كېلىپ، %12.38 ئاشقان. شۇ يىلى ئاھالىلەر ئائىلىلىرىدە كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئالاقىلىشىش چىقىمى 147.82 يۈەن بولۇپ، %13.85 ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە ئالاقىلىشىش قوراللىرى چىقىمى 17.57 يۈەن بولۇپ، %9.29 ئازايغان، ئاساسلىقى، چاقىرغۇ چىقىمى ئازايغان، شۇ يىلى كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن چىقىم 3.39 يۈەن بولۇپ، %51.85 ئازايغان. تېلېفون خىراجىتى چىقىمى 9.51 يۈەن بولۇپ، %2.81 ئاشقان. تېلېگراف خىراجىتى چىقىمى 120.29 يۈەن بولۇپ، %18.75 ئاشقان. پوچتا خىراجىتى چىقىمى 3.84 يۈەن بولۇپ، %33.33 ئاشقان. باشقا ئالاقىلىشىش چىقىملىرى 6.12 يۈەن بولۇپ، %2.7 ئازايغان.

پالۋ يەن

## شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىستېمال قۇرۇلمىسى ياخشىلاندى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ 6 شەھەردىكى 740 ئائىلە ئاھالىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدا كۆرسىتىلىشىچە، 1999 ـ يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئائىلە ئىستېمال چىقىمى قۇرۇلمىسىدا روشەن ئۆزگىرىش بولغان. شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ يىللىق ئائىلە تۇرمۇش ئىستېمالى چىقىمى 4319.37 يۈەنگە يېتىپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن %12.21 ئاشقان. ئىستېمال چىقىمىدا ئىگىلىگەن سالمىقى بويىچە رەتكە تىزغاندا، يېمەكلىكلەر 1 ـ ئورۇندا بولۇپ،

%39.47 نى ئىگىلىگەن؛ كىيىم - كېچەك چىقىمى 2 - ئورۇننى ئىگىلىگەن، ئەمما ئومۇمىي ئىستېمالدا ئىگىلىگەن سالمىقى 1995 - يىلدىكى %17.89 تىن %13.47 كە چۈشكەن؛ كۆڭۈل ئېچىش، مەدەنىيەت، مائارىپ بۇيۇملىرى ۋە مۇلازىمەت ئىستېمال چىقىمى 565.79 يۈەن بولۇپ، ئىگىلىگەن سالمىقى 3 - ئورۇندا تۇرغان، ئىگىلىگەن نىسبىتى 4.19 پىرسەنت پوئىنتى ئۆسكەن. شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئېنگېل كوئېففىتسېنتى يىلمۇيىل تۆۋەنلەپ، 1995 - يىلدىكى 0.46 دىن 0.39 غا چۈشۈپ قالغان.

پاڭ يەن

## شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ مۇلازىمەت چىقىمى ئۆرلىدى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ 6 شەھەردىكى 740 ئائىلە ئاھالىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدا كۆرسىتىلىشىچە، شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ مۇلازىمەت چىقىمى خېلى تېز ئاشقان. بىرىنچىدىن، ئاھالىلەرنىڭ تېببىي داۋالاش - ساقلىق ساقلاش ئىستېمال چىقىمى كۆپلەپ ئاشقان. 1999 - يىلى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېببىي داۋالاش - ساقلىق ساقلاش چىقىمى 254.1 يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %23.99 ئاشقان، ئىستېمال چىقىمىدا ئىگىلىگەن سالمىقى 1995 - يىلدىكى %4.14 تىن %5.88 كە ئۆرلىگەن. ئىككىنچىدىن، 1999 - يىلى 3 خىل ئىستېمال چىقىمى تېز سۈرئەتتە ئاشقان يەنى سىرتتا غىزالىنىش چىقىمى 1998 - يىلدىكىدىن %9.99، تېز تەييار بولىدىغان يېمەكلىكلەر چىقىمى %10.15، يېمەكلىك پىششىقلاش مۇلازىمىتى چىقىمى %34.04 يۇقىرى بولغان. ئۈچىنچىدىن، قاتناش ۋە ئالاقىلىشىشقا سەرپ قىلىنغان ئىستېمال چىقىمى روشەن ھالدا ئاشقان. 1999 - يىلى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان قاتناش ۋە ئالاقىلىشىش ئىستېمال چىقىمى 283.18 يۈەنگە يېتىپ، %19.41 ئاشقان، ئىستېمال چىقىمىدا ئىگىلىگەن سالمىقى %6.56 بولغان. تۆتىنچىدىن، كۆڭۈل ئېچىش، مائارىپ، مەدەنىيەت، مۇلازىمەت ئىستېمال چىقىمى يەنىلا ئومۇمىيۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈنىۋاتقان مەسىلە بولغان. 1999 - يىلى كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئىستېمال چىقىمى 565.79 يۈەن بولۇپ، %27.62 ئاشقان، ئىستېمال چىقىمىدا ئىگىلىگەن سالمىقى 1995 - يىلدىكى %8.9 تىن %13.09 كە ئۆرلىگەن.

پاڭ يەن

## شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ كۆڭۈل ئېچىش، مەدەنىيەت، مائارىپ، مۇلازىمەت ئىستېمال سەۋىيىسى ئۆستى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ 6 شەھەردىكى 740 ئائىلە ئاھالىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدا كۆرسىتىلىشىچە، 1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى شەھەر ئاھالىلىرى ئائىلىلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئىستېمال چىقىمى ئىچىدە كۆڭۈل ئېچىش، مائارىپ، مەدەنىيەت ۋە مۇلازىمەت جەھەتلىرىگە قىلىنغان چىقىم 565.79 يۈەن بولۇپ، %27.62 ئاشقان، ئىستېمال چىقىمىنىڭ ئېشىش دەرىجىسىدىن 15.41 پىرسەنت پوئىنتى يۇقىرى بولغان. كۆڭۈل ئېچىش، مەدەنىيەت، مائارىپ، مۇلازىمەت چىقىمىنىڭ ئىستېمال چىقىمىدا ئىگىلىگەن سالمىقى %13.1 كە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 1.58 پىرسەنت پوئىنتى ئۆسكەن. 1999 - يىلى شەھەرلەردىكى ئاھالىلەرنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مائارىپ خىراجىتى چىقىمى 300.5 يۈەنگە يېتىپ، %35.8 ئاشقان؛ كۆڭۈل ئېچىشقا قىلىنغان كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان چىدامىلىق ئىستېمال بۇيۇملىرى چىقىمى 137.18 يۈەنگە يېتىپ، %28.64 ئاشقان؛ مەدەنىيەت، كۆڭۈل ئېچىش ئىستېمال چىقىمى 128.11 يۈەن بولۇپ، %10.99 ئاشقان.

لى جىن

## مەركىزىي شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ سىرتتا غىزالىنىش ئادىتى تەكشۈرۈلدى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى 1999 - يىل 1 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى 500 ئاھالىنىڭ سىرتتا غىزالىنىش ئادىتىنى تەكشۈردى، تەكشۈرۈشتە ئىختىيارىي ئارىلاپ سوئال قەغىزى تارقىتىش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، %63 ئائىلە ھەمىشە سىرتتا غىزالىنىدىكەن، بۇنىڭ ئىچىدە %37 ئائىلە ئاساسەن ھەپتىسىگە ئاز دېگەندە 2 قېتىم سىرتتا غىزالىنىدىكەن. سىرتتا غىزالىنىدىغان ئادەملەر ئىچىدە %76 ى جۇڭگوچە تېز تاماقلارنى يېيىشنى ياقتۇرىدىكەن، ھەمىشە غەربچە تېز تاماقلارنى يەيدىغانلار %6 نىلا ئىگىلەيدىكەن، بۇنىڭدىن باشقا، %18 ئادەم سىرتتا غىزالانغاندا ھەمىشە قورۇما - تائاملارنى بۇيرۇتۇپ يەيدىكەن (بۇ ئادەملەرنىڭ يېرىمى ئوتتۇرىچە ئايلىق كىرىمى 1500 يۈەندىن ئاشىدىغان ئوتتۇرا، يۇقىرى كىرىم ئىگىلىرى ئىكەن). ئىستېمال چىقىمىدىن قارىغاندا، سىرتتا غىزالانغاندا قورۇما - تائاملارنى بۇيرۇتۇپ يېيىشكە ئادەتلەنگەن كىشىلەر ھەمىشە ھەر ئادەم ھەر قېتىمدا 20 يۈەندىن ئوشۇق پۇل خەجلەيدىكەن، جۇڭگوچە تېز تاماق يېگۈچىلەر بولسا، ھەر ئادەم ھەر قېتىمدا 10 يۈەندىن تۆۋەن پۇل خەجلەيدىكەن، غەربچە تېز تاماق يېگۈچىلەرگە ھەر قېتىمدا 20 يۈەن

ئۆيچۆرىسىدە پۇل خەجلەشكە توغرا كېلىدىكەن. ياش قۇرامىدىن قارىغاندا، 50 ياشتىن يۇقىرىلارنىڭ سىرتتا غىزالىنىدىغانلىرى ئازراق ئىكەن، بۇنىڭ سەۋەبى، ئاساسلىقى، تازىلىق شارائىتىنىڭ ناچارلىقى ئىكەن، تاماقلىرى تەملىك ئەمەس ئىكەن، شۇنداقلا نەپ تەگمەيدىكەن. سىرتتا غىزالىنىدىغان 45 ياشتىن تۆۋەن ئادەملەر مۇتلەق كۆپچىلىكنى ئىگىلەيدىكەن، بۇنىڭ ئىچىدە 21 ياشتىن 39 ياشقىچە بولغان ئادەملەرنىڭ سىرتتا غىزالىنىدىغان قېتىم سانى ھەممىدىن كۆپ ئىكەن.

ۋاڭ يىلى

## ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ كىتاب ئوقۇش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى 1999 - يىل 3 - ئاينىڭ بېشىدا ئۈرۈمچى شەھىرىدە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ كىتاب ئوقۇش ئەھۋالىنى مەخسۇس تەكشۈردى. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، مەركىزىي شەھەردىكى %80 كە يېقىن ئاھالە ئۆزىنى دائىم كىتاب ئوقۇپ تۇرىمىز، دەپ قارايدىكەن. دائىم كىتاب ئوقۇيدىغان ئادەملەر ئىچىدە ئوقۇغۇچىلار 1 - ئورۇندا تۇرىدىكەن (%19.05 نى ئىگىلەيدىكەن)، ئاندىن قالسا كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى (%14.97 نى ئىگىلەيدىكەن) ۋە دۆلەت مەمۇرلىرى (%11.56 نى ئىگىلەيدىكەن) ئىكەن. %38.5 ئادەمنىڭ قارىشىچە، كىتاب ئوقۇشتىن مەقسەت بىلىمنى ئاشۇرۇش، تەربىيىلىنىشنى ئۈستۈرۈش ئىكەن؛ %28 ئادەمنىڭ قارىشىچە، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش، ئۆزگىچە ئىرىشىش ئىكەن؛ %24.5 ئادەم كىتاب ئوقۇشنى ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش، ئارام ئېلىش، كۆڭۈل ئېچىش دەپ قارايدىكەن؛ باشقىلار %9 نى ئىگىلەيدىكەن. تەكشۈرۈش داۋامىدا %31.66 ئاھالە ئەدەبىي كىتابلارنى ئوقۇشنى ياقتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتقان؛ تۈرى كۆپ خىلمۇخىل ژۇرناللار 2 - ئورۇندا بولۇپ، %25.13 نى ئىگىلىگەن؛ تارىخ كىتابلىرى 3 - ئورۇندا بولۇپ، %16.06 نى ئىگىلىگەن؛ ئاندىن كېيىنكى رەت تەرتىپى مۇنداق ئىكەن: كەسىپكە ئائىت كىتابلار %6.03 نى، ئەمەلىيەت يېزىلغان كىتابلار %5.53 نى، ھەربىي ئىشلارغا ئائىت كىتابلار %5.03 نى، ئىجتىمائىي پەنگە ئائىت كىتابلار %4.02 نى، پەننى ئومۇملاشتۇرۇشقا ئائىت كىتابلار %3.52 نى، سەنئەتكە ئائىت كىتابلار %3.02 نى ئىگىلىگەن. كىشىلەرنىڭ كىتاب سېتىۋېلىشتىكى ئاساسلىق مەنبەسى: «شىنخۇا» كىتابخانىسىدىن سېتىۋالىدىغانلار %49 نى، يەككە كىتاب يايمىلىرىدىن سېتىۋالىدىغانلار %21.5 نى، باشقا جايلاردىن سېتىۋالىدىغانلار %11 نى، كىتابنى توپ سېتىش بازارلىرىدىن سېتىۋالىدىغانلار %1 نى ئىگىلىگەن.

ۋاڭ يىلى

## ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ مۇھىت ئاسراش ئېڭى تەكشۈرۈلدى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى 1999 - يىل 3 - ئاينىڭ بېشىدا ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئاھالىلەرنىڭ مۇھىت ئاسراش ئېڭىنى ئارىلاپ تەكشۈردى. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇھىت ئاسراش قانۇنى» نى مەلۇم دەرىجىدە چۈشىنىدىغان شەھەر ئاھالىسى %15.5 ئىكەن، ئۇنىڭدىن ئاز - تولا خەۋىرى بارلار %55 ئىكەن، زادىلا خەۋىرى يوق شەھەر ئاھالىسى %29.5 ئىكەن. «سىز ئۆزىڭىز تۇرۇۋاتقان جاي ئەتراپىدىكى مۇھىتتىن رازىمۇ ياكى رازى ئەمەسمۇ؟» دېگەن سوئالغا %2.5 كىشىلا ئىنتايىن رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن، %20 كىشى ئاساسەن رازى ئىكەنلىكىنى، %50 كىشى ئانچە رازى ئەمەسلىكىنى، %27.5 كىشى تولىمۇ نارازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ جاۋاب بەرگەن. نارازى بولۇشتىكى ئاساسلىق ئامىللارنىڭ رەت تەرتىپى مۇنداق ئىكەن: ئاتموسفېرانىڭ بۇلغىنىشى (%44.94 نى ئىگىلىگەن)، تۇرمۇش ئەخلەتلىرى (%21.5 نى ئىگىلىگەن)، ئاپتوموبىللار قويۇپ بەرگەن گاز (%15.19 نى ئىگىلىگەن)، ساناتەتنىڭ بۇلغىنىشى ۋە باشقىلارنىڭ بۇلغىشى (%8.25 نى ئىگىلىگەن)، شاۋقۇننىڭ بۇلغىنىشى (%6.96 نى ئىگىلىگەن)، سۇنىڭ بۇلغىنىشى (%3.16 نى ئىگىلىگەن). شەھەر ئاھالىسىنىڭ %63 ى ھۆكۈمەتنىڭ تەربىيىنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنى مۇراجىئەت قىلغان؛ %12.5 كىشى مۇھىت ئاسراش توغرىسىدىكى تەشۋىقات سالمىقىنى ئاشۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان؛ %23.5 كىشى دائىرە، رايونلار بويىچە مەخسۇس ئادەم مەخسۇس باشقۇرۇش تەكلىپىنى بەرگەن.

ۋاڭ يىلى

## مەركىزىي شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىستېمال كرېدىتى توغرىسىدىكى تونۇش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى 1999 - يىل 5 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئىستېمال كرېدىتى توغرىسىدىكى تونۇش ئەھۋالىنى ئىختىيارىي ئارىلاپ سوئال قەغىزى تارقىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق تەكشۈردى،

تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، شەھەر ئاھالىسىنىڭ %26.8 ى ئىستېمال كرېدىتىنىڭ نېمىلىكىنى تامامەن چۈشەنمەيدىكەن، %64.5 كىشى بۇ سۆزنى ئاڭلىغان، ئەمما ئۇنىڭ كونكرېت مەزمۇنىنى ئېنىق بىلمەيدىكەن؛ %8.7 كىشىلا ئىستېمال كرېدىتىنىڭ كونكرېت مەزمۇنىنى ئاز - تولا چۈشىنىدىكەن. «سىز كەلگۈسىدە ئىستېمال كرېدىتىدىن ئىبارەت ئىستېمال ئۇسۇلىنى قوبۇل قىلىشنى خالامسىز؟» دەپ سورالغاندا، %76.1 كىشى ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسىدە بولغان؛ %23.9 كىشى رەسمىيىتىنىڭ مۇرەككەپ ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ باققاندىن كېيىن بىر قارارغا كېلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ كەلگۈسىدە مەلۇم جەھەتتە ئىستېمال كرېدىتى ئېلىپ بارىدىغانلىقى ياكى بارمايدىغانلىقى توغرىسىدىكى مۆلچەرى سورالغاندا، شەھەر ئاھالىسىنىڭ %44.6 ى قەرز پۇل ئېلىپ ئۆي سېتىۋالماقچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن، بۇ، 1 - ئورۇندا تۇرغان؛ قەرز پۇل ئېلىپ ئاپتوموبىل سېتىۋالماقچى بولغانلار %17.8 نى ئىگىلىگەن، بۇ، 2 - ئورۇندا تۇرغان؛ باشقىلىرىنىڭ رەت تەرتىپى مۇنداق بولغان: قەرز پۇل ئېلىپ بالىلىرىنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتماقچى ياكى بالىلىرىنىڭ تويىنى قىلماقچى بولغانلار %13.9 نى، قەرز پۇل ئېلىپ كومپيۇتېر ئالماقچى ياكى تۇرالغۇنى بېزىمەكچى بولغانلار %13.8 نى، قەرز پۇل ئېلىپ ساياھەت قىلماقچى بولغانلار %5.4 نى، قەرز پۇل ئېلىپ چىدامىلىق ئىستېمال بۇيۇملىرىنى سېتىۋالماقچى بولغانلار %4.5 نى ئىگىلىگەن.

ژاڭ يىلى

## مەركىزىي شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق سەۋىيىسىنىڭ ھازىرقى ھالىتى تەكشۈرۈلدى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى 1999 - يىل 3 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھىرىدە پۇقرالارنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق سەۋىيىسىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى تەكشۈردى، تەكشۈرۈشتە ئىختىيارىي تاللاپ تەكشۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. تەكشۈرۈش، ئاساسەن، ئىجتىمائىي ئەخلاق، كەسىپ ئەخلاقى، ئائىلىۋى گۈزەل ئەخلاقتىن ئىبارەت 3 جەھەتكە چېتىلدى. جەمئىي 400 نۇسخا سوئال قەغىزى تارقىتىلدى، بۇنىڭدىن 395 نۇسخا ئۈنۈملۈك سوئال قەغىزى يىغىۋېلىندى، يىغىۋېلىنىش نىسبىتى %98.6 كە يەتتى. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، كۆپ قىسىم كىشىلەر باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىش، ئىش ئورنىنى سۆيۈپ، كەسپىنى قەدىرلەش، قوشنىلار ئارا ئىناق ئۆتۈش، ئائىلىنى قىزغىن سۆيۈشنى يەنىلا ھازىرقى ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ ئاساسىي ئېقىمى دەپ قارايدىكەن.

تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلغان 18 ياشتىن يۇقىرى 395 پۇقرا ئىچىدە %56.49 ئادەم ھازىرقى ئىجتىمائىي ئەخلاق سەۋىيىسىنى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرغاندا تۆۋەنلەپ كەتتى دەپ قارىغان، %35.11 ئادەم ئۆرلىدى دەپ قارىغان، %8.4 ئادەم ئۆزگىرىش بولمىدى دەپ قارىغان؛ %49.8 ئادەم ھازىرقى كەسىپ ئەخلاقى سەۋىيىسىنى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرغاندا تۆۋەنلەپ كەتتى دەپ قارىغان، %40.92 ئادەم ئۆرلىدى دەپ قارىغان، %9.28 ئادەم ئۆزگىرىش بولمىدى دەپ قارىغان. ئائىلىۋى گۈزەل ئەخلاققا بەرگەن باھاسى ھەممىدىن ياخشى بولۇپ، ھازىرقى ئائىلىۋى گۈزەل ئەخلاق سەۋىيىسى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرغاندا ئۆرلىدى دەپ قارايدىغانلار %44.98 نى ئىگىلىگەن، تۆۋەنلەپ كەتتى دەپ قارايدىغانلار %36.51 نى ئىگىلىگەن، %18.51 ئادەم ئۆزگىرىش بولمىدى دەپ قارىغان. ھەرخىل ياش قاتلىمىدىكىلەر بويىچە ئايرىغاندا، 51 ياشتىن 60 ياشقىچە بولغان ئادەملەرنىڭ ھازىرقى ئىجتىمائىي ئەخلاق سەۋىيىسىگە بەرگەن باھاسى ناھايىتى ياخشى بولغان، ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرغاندا، ئائىلىۋى گۈزەل ئەخلاق ئۆستى دەپ قارايدىغانلار %53.53 نى، كەسىپ ئەخلاقى ئۆستى دەپ قارايدىغانلار %50 نى، ئىجتىمائىي ئەخلاق ئۆستى دەپ قارايدىغانلار %46.43 نى ئىگىلەيدىكەن.

ژاڭ يىلى

## مەركىزىي شەھەردىكى دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى 1999 - يىل 7 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھىرىگە قاراشلىق قىسمەن پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 200 ئىشچى - خىزمەتچىنى ئىختىيارىي تاللاپ، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، بارغانسېرى كۆپلىگەن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۆزىنى قامال قىلىۋالغان ماكاندىن چىقىپ، تاشلىنىپ قېلىش تۇيغۇسىدىن قۇتۇلۇپ، مول مەزمۇنلۇق تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلىغان. بۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلىرى مۇنداق بولغان: 1. ھەر كۈنى

ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 9 سائەت 12 مىنۇت ئۇخلىغان، ئۇخلاش ۋاقتى خىزمەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئۇخلاش ۋاقتىدىن 1.3 پىرسەنت پوئىنتى يۇقىرى بولغان. 2. ئائىلىۋى ئېلېكتىر سايمانلىرىنىڭ كۆپىيىشى ئۆي ئىشلىرىنى قىلىش ۋاقتىنى قىسقارتقان، يۈكنى يەڭگىللەتكەن. دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كۆكتات سېتىۋېلىش، تاماق ئېتىش، كىيىم تىكىش، كىر يۇيۇشقا سەرپ قىلغان ۋاقتى كىشى بېشىغا كۈنىگە 107.31 مىنۇتتىن توغرا كېلىپ، پۈتۈن كۈنلۈك ۋاقتىنىڭ %7.42 نى ئىگىلىگەن. 3. ئۆگىنىشكە ئېتىبار بېرىپ، مەۋقەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرگەن. تەكشۈرۈش داۋامىدا دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان بىر مۇنچە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقانلىقى مەلۇم بولغان، بۇنىڭ ئىچىدە %21.57 ئادەم ياشانغانلار ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دىپلومىغا ئېرىشكەن. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇلار ھەر كۈنى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 143.82 مىنۇت تېلېۋىزور كۆرگەن، 54.56 مىنۇت كىتاب، گېزىت - ژۇرنال ئوقۇغان، 34.56 مىنۇت رادىئو ئاڭلىغان، بۇ 3 ۋاقىتنى قوشقاندا، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر كىشىنىڭ پۈتۈن كۈنلۈك ۋاقتىنىڭ %16.18 نى ئىگىلىگەن، بۇ، خىزمەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭكىدىن 2.86 پىرسەنت پوئىنتى يۇقىرى بولغان. 4. ئەتىگەنلىك چېنىقىشقا ۋە مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى، ساقلىق ساقلاشقا بېرىلگەن. ياشانغان كىشىلەرنىڭ %50 تىن كۆپرەكى ھەر كۈنى ئەتىگەنلىك چېنىقىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرغان، %12.6 ى باشقا مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ۋە ساقلىق ساقلاش پائالىيەتلىرىگە قاتناشقان، بۇ 2 پائالىيەتكە كەتكەن ۋاقىتنى قوشقاندا، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر كىشىنىڭ پۈتۈن كۈنلۈك ۋاقتىنىڭ %10.21 نى ئىگىلىگەن، بۇ، خىزمەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭكىدىن كۈنىگە بىر سائەت 24 مىنۇت ئارتۇق بولغان. تەكشۈرۈش داۋامىدا مەلۇم بولۇشىچە، مەركىزىي شەھەردىكى دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان ئىشچى - خىزمەتچىلەر تۇرالغۇسىنىڭ پايدىلىنىش كۆلىمى كىشى بېشىغا 13.59 كۋادرات مېتىردىن توغرا كەلگەن، بۇ، شەھەر بويىچە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تۇرالغۇنىڭ پايدىلىنىش كۆلىمىدىن 4.74 كۋادرات مېتىر ئارتۇق بولغان.

ۋاڭ يىڭ

## ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ياشلارنىڭ توي ئىستېمال چىقىمى تەكشۈرۈلدى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى 1999 - يىل 7 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ياشلارنىڭ توي خىراجىتى ئەھۋالىنى ئىختىيارىي ئارىلاپ مەخسۇس تەكشۈردى. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، ياشلارنىڭ %51.3 ى توي ئىستېمالى مەبلىغىنى ئاساسلىقى ئۆزى تەييارلىغان، ئاتا - ئانىسىنىڭ ياردىمىگە تايىنىدىغانلار %45 نى ئىگىلىگەن، ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرى ياردەم قىلىدىغانلار %3.7 نى ئىگىلىگەن. ياشلارنىڭ توي قىلىشقا سەرپ قىلىدىغان ئوتتۇرىچە ئىستېمال ئومۇمىي سوممىسى 84 مىڭ يۈەنگە يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە يىگىتلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئىستېمال سوممىسى 50 مىڭ 500 يۈەن، قىزلارنىڭ 33 مىڭ 500 يۈەن ئىكەن. توي ئىستېمال چىقىمىدىن قارىغاندا، تۇرالغۇ سېتىۋېلىش ۋە بېزەش خىراجىتى ئومۇمىي ئىستېمال چىقىمىنىڭ %56.5 نى ئىگىلەپ، 1 - ئورۇندا تۇرغان؛ باشقىلىرىنىڭ رەت تەرتىپى مۇنداق: ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرىنى سېتىۋېلىش چىقىمى %16.7 نى، تويغا مېھمان چاقىرىش چىقىمى %7.7 نى، باشقا ئىستېمال چىقىمى %6.9 نى، ئۆي جاھازلىرى سېتىۋېلىش چىقىمى %6.4 نى، ئالتۇن - كۈمۈش زىبۇ زىننەتلىرىنى سېتىۋېلىش چىقىمى %3.3 نى، كىيىم - كېچەك سېتىۋېلىش چىقىمى %2.3 نى ئىگىلىگەن. توي شەكلىنى تاللاش جەھەتتە، ياشلارنىڭ %68 ى ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا مېھمان چاقىرىش شەكلىنى تاللىۋالغان، %24 ى تويىنى ساياھەت داۋامىدا ئۆتكۈزمەكچى بولغان، %8 ى كوللېكتىپ توي مۇراسىمىغا قاتناشماقچى بولغان.

ۋاڭ يىڭ

## ئۈرۈمچى رايونىنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ھازىرقى ھالىتى تەكشۈرۈلدى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى 1999 - يىل 4 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئۈرۈمچى رايونىنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ھازىرقى ھالىتىنى مەخسۇس تەكشۈردى. ئارىلاپ تەكشۈرۈش ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ستاتىستىكا سانلىق مەلۇماتلىرىغا ئاساسەن ھېسابلاپ كۆرۈلۈشىچە، ئۈرۈمچى رايونىدا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا كېلىدىغان بېسىم ئاساسەن 8 جەھەتتە ئىپادىلەنگەن: ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلۇپ ئىشقا ئورۇنلىشالمىغانلار، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي سانى 28 مىڭ ئۆپچۆرىسىگە يەتكەن؛ ئىشسىزلىقنى تىزىملاتقانلار، مۆلچەرلىنىشىچە، يىل بويى 7000 ئادەم ئۆپچۆرىسىدە ئىكەن؛ يېڭىدىن قوشۇلغان ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغانلار، ش ئۇ ئا ر قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشخانىسىنىڭ مۆلچەرلىشىچە، 28 مىڭ ئادەمگە يېتىدىكەن؛ شەھەر - بازاردا يېڭىدىن كۆپەيگەن

ئەمگەك كۈچى، تەخمىنەن 21 مىڭ ئۆپچۆرىسىدە ئىكەن؛ ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوم، تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار، 60% ى ئۈرۈمچى شەھىرىدە قالىدۇ، دەپ ھېسابلىغاندا، 16 مىڭ 800 ئىكەن؛ يېزا نوپۇسىدىن شەھەر نوپۇسىغا ئۆزگەرتىلگەنلەر، 1999 - يىلى يېزا نوپۇسىدىن شەھەر نوپۇسىغا ئۆزگەرتىش پىلانىدىكى ئادەم سانى 16 مىڭ ئۆپچۆرىسىدە ئىكەن؛ ئاپپارات ئىسلاھاتىدا، مۆلچەرلىنىشىچە، تارقاقلاشتۇرۇلىدىغانلار تەخمىنەن 2000 ئۆپچۆرىسىدە ئىكەن؛ ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغانلار، شەھەرلىك خەلق ئىشلىرى تارمىقىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇش پىلانىدىكى ئادەم سانى 1400 ئىكەن. 1999 - يىلى ئۈرۈمچى رايونىدا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ ئەمەلىي بېسىمى 127 مىڭ 200 ئادەم ئۆپچۆرىسىدە بولغان. ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا كېلىدىغان بېسىم چوڭراق بولسىمۇ، ئەمما ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئېھتىياجىدىمۇ غايەت زور يوشۇرۇن كۈچ مەۋجۇت ئىكەن، ئالايلۇق، ئۆي ئىشلىرى ۋە مەھەللە مۇلازىمەت كەسپى ئارقىلىق 81 مىڭ 700 ئىش ئورنىنى ھەل قىلغىلى بولىدىكەن؛ شەھەر قۇرۇلۇشى (مۇھىت ئاسراش، باغ - ئورمان قاتارلىقلار) تارماقلىرىدا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىش ئورنىدىن 18 مىڭنى كۆپەيتكىلى بولىدىكەن؛ ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ تىرىكچىلىك قىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا مەدەت بېرىش ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بوشلۇقىنى كېڭەيتكىلى بولىدىكەن؛ يەككە ئىگىلىك، خۇسۇسىي ئىگىلىك ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتا، ئاز دېگەندە، 20 مىڭدىن 30 مىڭغىچە ئىش ئورنى بىلەن تەمىن ئەتكىلى بولىدىكەن.

ژاڭ يىڭ

## مەركىزىي شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ساياھەت قىلىش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى 1999 - يىل 6 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى 200 ئائىلە ئاھالىنىڭ ساياھەت قىلىش ئەھۋالىنى ئىختىيارىي ئارىلاپ سوئال قەغىزى تارقىتىش شەكلى ئارقىلىق تەكشۈردى. يىغىنچاقلانغان تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، مەركىزىي شەھەر ئاھالىلىرى 1998 - يىل 6 - ئايدىن 1999 - يىل 6 - ئايغىچە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1.65 قېتىم ساياھەت قىلغان، ساياھەت مەزگىلىدە ھەر بىر ئادەم ئوتتۇرا ھېساب بىلەن سىرتتا 6 كېچىدىن قونغان. ساياھەتچىلەرنىڭ ئاساسلىق ساياھەت مەقسىتى بويىچە ئايرىغاندا، 42.4% ئادەم ئېكسكۇرسىيە - سەيلە قىلغان، 23.2% ئادەم ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىنى يوقلىغان، 7.3% ئادەم سودا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان، 11.5% ئادەم يىغىنغا بارغان، 15.6% ئادەم مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش، ساناتورىيىدە دەم ئېلىپ داۋالىنىشقا بارغان. تەكشۈرۈلگۈچىلەر ئىچىدىكى ساياھەت ئېكسكۇرسىيىگە قاتناشقانلار ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1109.99 يۈەندىن پۇل خەجلىگەن، بۇنىڭ ئىچىدە ساياھەت خىراجىتى 17% نى، قاتناش خىراجىتى چىقىمى 28.4% نى، ياتاق خىراجىتى چىقىمى 12% نى، نەرسە - كېرەك ۋە خاتىرە بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىش چىقىمى 16.2% نى، يېمەك - ئىچمەك خىراجىتى 12.7% نى، ئالاقىلىشىش خىراجىتى 3.2% نى، باشقا خىراجەتلەر 10.5% نى ئىگىلىگەن.

1999 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا 56.1% ئادەم ساياھەت قىلماقچى بولغان، ساياھەت قىلىشنى پىلانلىغان ئادەملەرنىڭ 58.6% ى شىنجاڭ تەۋەسىدە ساياھەت قىلماقچى بولغان. ئاھالىلەر سەيلە قىلىش پىلانى ئىچىدە شىنجاڭدىكى سەيلىگاھلارنىڭ چوڭراقلىرىدىن تەرتىپتىكىسى بوغدا كۆلى 1 -، باغراش كۆلى 2 -، قاناس كۆلى 3 - ئورۇننى ئىگىلىگەن.

مەركىزىي شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ھازىر ساياھەتچىلىككە چېتىشلىق ئۇنىۋېرسال ئىستېمال - مۇلازىمەت سۈپىتى ھەققىدىكى باھاسى مۇنداق بولغان: ساياھەتچىلىك توغرىسىدىكى ئۇنىۋېرسال تەسىرات جەھەتتە، «ياخشى» دەپ قارايدىغانلار 18.9% نى، «ئوتتۇراھال» دەپ قارايدىغانلار 72.4% نى، «ناچار» دەپ قارايدىغانلار 8.7% نى ئىگىلىگەن؛ مېھمانخانا، سارايلارنىڭ ياتاق ۋە مۇلازىمەت سۈپىتى جەھەتتە، «ياخشى» دەپ قارايدىغانلار 25.1% نى، «ئوتتۇراھال» دەپ قارايدىغانلار 61.4% نى، «ناچار» دەپ قارايدىغانلار 13.5% نى ئىگىلىگەن؛ يېمەك - ئىچمەك سۈپىتى جەھەتتە، «ياخشى» دەپ قارايدىغانلار 18.2% نى، «ئوتتۇراھال» دەپ قارايدىغانلار 56.9% نى، «ناچار» دەپ قارايدىغانلار 24.9% نى ئىگىلىگەن؛ ساياھەت يېتەكچىلىرىنىڭ مۇلازىمىتى جەھەتتە، «ياخشى» دەپ قارايدىغانلار 16.4% نى، «ئوتتۇراھال» دەپ قارايدىغانلار 53% نى، «ناچار» دەپ قارايدىغانلار 30.6% نى ئىگىلىگەن؛ قاتناش مۇلازىمىتى جەھەتتە، «ياخشى» دەپ قارايدىغانلار 31.7% نى، «ئوتتۇراھال» دەپ قارايدىغانلار 52.2% نى، «ناچار» دەپ قارايدىغانلار 16.1% نى ئىگىلىگەن؛ كۆڭۈل ئېچىش مۇلازىمىتى جەھەتتە، «ياخشى» دەپ قارايدىغانلار 29% نى، «ئوتتۇراھال» دەپ قارايدىغانلار 48.8% نى، «ناچار» دەپ قارايدىغانلار 22.2% نى ئىگىلىگەن؛ ساياھەت داۋامىدا سېتىۋېلىنغان نەرسە - كېرەكلەرنىڭ سۈپىتى جەھەتتە، «ياخشى» دەپ قارايدىغانلار

%34.2 نى، «ئوتتۇراھال» دەپ قارايدىغانلار %54.7 نى، «ناچار» دەپ قارايدىغانلار %11.1 نى ئىگىلىگەن؛ پوچتا - تېلېگراف ئالاقىلىشىش مۇلازىمىتى جەھەتتە، «ياخشى» دەپ قارايدىغانلار %37.2 نى، «ئوتتۇراھال» دەپ قارايدىغانلار %48.4 نى، «ناچار» دەپ قارايدىغانلار %14.4 نى ئىگىلىگەن.

ئاھالىلەر ساياھەت پائالىيىتى داۋامىدا شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى جەھەتتە تۆۋەندىكىدەك ئاساسلىق مەسىلىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلغان: %60.5 ئادەمنىڭ قارىشىچە، ساياھەت ھەققى ھەددىدىن زىيادە يۇقىرى ئىكەن، بۇ، ئاساسەن، كىرىش بېلىتى باھاسىنىڭ بەك يۇقىرىلىقى، سەيلىگاھلاردىن ئېلىنىدىغان ھەق تۈرلىرىنىڭ ھەددىدىن زىيادە ئىنچىكە ۋە مۇرەككەپلىكىدە ئىپادىلىنىدىكەن؛ %22 ئادەمنىڭ قارىشىچە، سەيلىگاھلارنىڭ قۇرۇلۇشىغا سېلىنىۋاتقان مەبلەغ يېتىشمەيدىكەن، بەزى مەشھۇر ساياھەت رايونلىرى، سەيلىگاھلارنىڭ تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە گۈزەللەشتۈرۈش مەبلىغى كەمچىل بولغاچقا، بۇلار ھازىرغا قەدەر تەبىئىي - ئىپتىدائىي ھالىتىدە تۇرۇۋېتىپتۇ، ئۇلارنىڭ ساياھەت كۆلىمىنى شەكىللەندۈرۈش تەس ئىكەن؛ %21 ئادەمنىڭ قارىشىچە، مەنزىرىلىك ساياھەت رايونلىرىنىڭ تاماق، ياتاق شارائىتى ناچار ئىكەن؛ %19.5 ئادەمنىڭ قارىشىچە، شىنجاڭنىڭ ساياھەت تۈرلىرىدىن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغانلىرى بەك ئاز ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، جايلىشىشى تارقاق، ئارىلىقى يىراق بولۇپ، ئۇقتىدىن لىنىيىگە تۇتىشىپ كەتكەن دائىرە شەكىللەندۈرۈلمىگەن؛ %18.5 ئادەمنىڭ قارىشىچە، سەيلىگاھلارنىڭ مۇھىت ئازىلىقى ناچار، زورزور بولغان باشقۇرۇش كەمچىل ئىكەن؛ %14 ئادەمنىڭ قارىشىچە، ساياھەت ئاپپاراتلىرىنىڭ مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدىكەن، ساياھەتچىلىكنى تەشۋىق قىلىپ تىجارەتنى ئىلگىرى سۈرۈش پائالىيىتى بەك ئاز ئىكەن، نۇرغۇن مەشھۇر سەيلىگاھلار توغرىسىدىكى يېزىق، تەشۋىقات سۈرەتلىرى ئارقىلىق تونۇشتۇرۇش ماتېرىياللىرىنىڭ تارقىتىلىش دائىرىسى تار ئىكەن، ساياھەت يېتەكچىلىرىنىڭ مۇلازىمەت سەۋىيىسىنىمۇ ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدىكەن؛ %2 ئادەمنىڭ قارىشىچە، ساياھەت خاتىرە بۇيۇملىرى بەك ئاز، تۈرى بىر خىللا ئىكەن.

خې بېيجى

## مەركىزىي شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ماشىنا تەڭشەش، ماشىنا ئۆستۈرۈش ۋە ئىستېمال مۇددىئاسى ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى

1999 - يىل 9 - ئايدا دۆلەت كىرىم تەقسىماتى سىياسىتىنى تەڭشىدى، ئاپتونوم رايون ئالدى بىلەن ئارقىتىپ تۇرۇپ، كېيىن تەڭشەش تەدبىرىنى قوللىنىپ، ئۆسكەن مائاشنى 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن ئىلگىرى ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قولىغا تەككۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلدى. ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى بۇ قېتىم ئۆسكەن مائاشنى تارقىتىش ئىشىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈش ئەھۋالى، ئاھالىلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى كۆز قارىشى ۋە ئۇنىڭ كۆرسىتىدىغان تەسىرى ئۈستىدە 1999 - يىل 9 - ئاينىڭ ئاخىرىدا مەركىزىي شەھەردىكى 200 ئائىلە ئاھالىنى ئىختىيارىي ئارىلاپ سوئال قەغىزى تارقىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق تەكشۈردى. يىغىنچاقلانغان تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۆسكەن مائاش 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن ئاۋۋال تولۇق ئەمەلىيلەشكەن؛ بۇنىڭ ئىچىدە ئۆسكەن مائاشى 50 يۈەندىن تۆۋەن بولغانلار ئومۇمىي ئادەم سانىنىڭ %6.1 نى، ئۆسكەن مائاشى 50 يۈەندىن 100 يۈەنگىچە بولغانلار %82.9 نى، ئۆسكەن مائاشى 100 يۈەندىن يۇقىرى بولغانلار %11 نى ئىگىلىگەن. %22.1 ئادەمنىڭ قارىشىچە، بۇ قېتىمقى ئۆسكەن مائاشنىڭ ھەجىمى چوڭراق بولغان، %39.2 ئادەمنىڭ قارىشىچە، مائاشنىڭ ئۆسۈشى بىرقەدەر تەكشى بولغان، %38.7 ئادەمنىڭ قارىشىچە، ئۆسكەن مائاشنىڭ ھەجىمى كىچىكرەك بولغان. مائاش ئۆسكەنلىكتىن، ئاھالىلەردىن تولۇق ئىستېمال قىلىپ، تۇرمۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى تاللىغانلار %13.8 نى ئىگىلىگەن؛ ئائىلىنى تىرىشچانلىق، ئىقتىسادچىللىق بىلەن باشقۇرۇپ، كىرىمگە قاراپ چىقىم قىلىشنى تاللىغانلار %58 نى ئىگىلىگەن؛ بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنى ۋە سالىدىغان مەبلىغىنى داۋاملىق كۆپەيتىپ، كۈتۈلمىگەن ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىشنى تاللىغانلار %28.2 نى ئىگىلىگەن. دۆلەتنىڭ بۇ قېتىم مائاش ئۆستۈرۈشتىكى ئاساسىي مەقسىتى ئاھالىلەرنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق ئىستېمالنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا تۈرتكە بولۇشتىن ئىبارەت ئىدى. ئاھالىلەردىن «مائاش ئۆسكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىستېمالغا كۆرسەتكەن تەسىرى ناھايىتى زور بولدى» دەپ قارايدىغانلار %14.9 نى ئىگىلىگەن؛ «ئادەتتىكىچە بولدى» دەپ قارايدىغانلار %64.1 نى ئىگىلىگەن؛ «ئىستېمالغا كۆرسەتكەن تەسىرى چوڭ بولمىدى» ياكى «بۇنى بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ» دەپ قارايدىغانلار %21 نى ئىگىلىگەن. مائاش ئۆسكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بازاردىكى باھاغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى قانداق بولىدۇ؟ %14.9 ئاھالىنىڭ قارىشىچە، باھا تازا ئۆرلەپ كېتىدىكەن؛ %53.6 ئاھالىنىڭ قارىشىچە، ئاستا - ئاستا ئۆرلەيدىكەن؛ %13.8 ئاھالىنىڭ قارىشىچە، يەنىلا تەكشى بولىدىكەن؛ %2.8 ئاھالىنىڭ

قارشىچە، تۆۋەنلەپ كېتىدىكەن؛ 14.9% ئاھالىنىڭ قارشىچە، بۇنىڭغا بىرنېمە دېگىلى بولمايدىكەن.

خې بەيجى

## يېزىلاردا تۇراقلىق مۇلۇككە مەبلەغ سېلىش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈش ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، 1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ يېزىلىرىدا تۇراقلىق مۇلۇككە جەمئىي 4 مىليارد 988 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان؛ سېلىنغان مەبلەغ 1998 - يىلدىكىسى بىلەن ئاساسەن تەڭ بولغان. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانلارنىڭ سالغان مەبلىغى 3 مىليارد 481 مىليون يۈەن بولۇپ، سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغنىڭ 69.8% نى ئىگىلىگەن؛ دېھقانلاردىن باشقىلار (كارخانىلار، مەمۇرىي ئورۇنلار، كەسپىي ئورۇنلار ۋە جەمئىيەتتىكى ئاممىۋى تەشكىلاتلار) سالغان مەبلەغ 1 مىليارد 507 مىليون يۈەن بولۇپ، 30.2% نى ئىگىلىگەن. دېھقانلار يەنىلا ئاپتونوم رايون يېزىلىرىدا تۇراقلىق مۇلۇككە مەبلەغ سېلىشتىكى ئاساسىي گەۋدە ھېسابلانغان.

دېھقانلارنىڭ تۇراقلىق مۇلۇككە مەبلەغ سېلىش يۆنىلىشىدىن قارىغاندا، يېزا ئىگىلىكىگە سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليارد 280 مىليون يۈەن بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 16.3% ئازايغان، بۇ، سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغنىڭ 36.9% نى ئىگىلەپ، 6.6 پىرسەنت پوئىنتى ئازايغان. دېمەك، يېزا ئىگىلىكىنىڭ كەسپلىشىشىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، كەسىپ زەنجىرى ئۇزىراپ كەتكەن، دېھقانلارنىڭ 2 -، 3 - كەسىپلەردىكى تۇراقلىق مۇلۇككە مەبلەغ سېلىش سالمىقى ئاشقان.

1999 - يىلى دېھقانلارنىڭ تۇرالغۇغا سالغان مەبلىغى 860 مىليون يۈەن بولۇپ، 34.8% ئازايغان، سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغنىڭ 24.7% نى ئىگىلەپ، 23.1 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىگەن.

دېھقانلارنىڭ سالغان مەبلىغىدە يەنىلا ئۆز ئىلكىدىكى مەبلىغى ئاساس قىلىنغان بولۇپ، 87.6% نى ئىگىلىگەن. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى شۇكى، بىر تەرەپتىن، دېھقانلارنىڭ پۇل قەرز ئېلىشى تەس بولغان، قەرز قايتۇرۇش ئىقتىدارى ئاجىز بولغان؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلار ئەنئەنىۋى كۆزقاراشنىڭ تەسىرى بىلەن مەبلەغ سالغاندا، خېيىمخەتەرنى زىممىسىگە ئېلىپ قىلىشتىن ئەنسىرىگەن.

تۇڭ دېفۇ

## يېزىلاردا 2 -، 3 - كەسىپلەردىكى تۇراقلىق مۇلۇككە مەبلەغ سېلىش سالمىقى ئاشتى

ش ئۇ ئا ر يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئاپتونوم رايوندىكى دۆلەت تەرىپىدىن تەكشۈرۈلىدىغان 30 ناھىيە (شەھەر) نى ئارىلاپ تەكشۈرۈش ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون يېزىلىرىدىكى 2 -، 3 - كەسىپلەرگە سېلىنغان مەبلەغ 3 مىليارد 149 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 15.8% ئاشقان، سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغنىڭ 63.1% نى ئىگىلەپ، 8.7 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىگەن. 2 -، 3 - كەسىپلەرگە سېلىنغان مەبلەغ ئىچىدە دېھقانلارنىڭ سالغان مەبلىغى 2 مىليارد 197 مىليون يۈەن بولۇپ، 10.6% ئاشقان، 6.6 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىگەن، دېھقانلاردىن باشقىلارنىڭ سالغان مەبلىغى 952 مىليون يۈەن بولۇپ، 29.9% ئاشقان، 13.7 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىگەن.

خەن يۈڭگۈي

## يېزىلاردىكى ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى پەيدىنپەي ياخشىلاندى

ش ئۇ ئا ر يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 1999 - يىلى 300 كەنت، 1500 ئائىلىنى تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولۇشىچە، 68.7% كەنتكە تېلېفون ئورنىتىلغان، 98.7% كەنتتە تاشيول ياسالغان، 70% كەنتتە ساقلىق ساقلاش پونكىتى، 23.2% كەنتتە پوچتا - تېلېگراف پونكىتى (ئورنى) قۇرۇلغان، 48% كەنتتە سىملىق رادىئو يولغا قويۇلغان، 94.3% كەنت مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى قوبۇل قىلالايدىغان بولغان. يۇقىرىقى سانلىق مەلۇماتلار ئىچىدە سىملىق رادىئو ئاڭلاش سالمىقى 3 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىگەندىن سىرت، باشقىلىرى 1998 - يىلدىكىدىن ھەل ئاشقان. توكتىن پايدىلىنىدىغان ئائىلىلەر تەكشۈرۈلگەن ئائىلىلەرنىڭ 98.6% نى ئىگىلەپ، 1.9 پىرسەنت پوئىنتى ئۆسكەن، بىخەتەر، پاكىز سۇ ئىشلىتىدىغان دېھقانلار 57.3% نى ئىگىلەپ، 3.9 پىرسەنت پوئىنتى ئۆسكەن.

يى بىن

## دېھقانلارنىڭ باجدىن كېيىنكى يۈكى ئازايدى

ش ئۇ ئا ر يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئاپتونوم رايوندىكى 30 ناھىيە (شەھەر) دىكى 1500 ئائىلىلىك دېھقاننى ئارىلاپ

تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدا كۆرسىتىلىشىچە، 1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندىكى دېھقانلارنىڭ باجدىن كېيىنكى ئوتتۇرىچە يۈكى (يەنى كوللېكتىپقا تاپشۇرىدىغان ھۆددە، ئېلىش ۋەزىپىسى ۋە كوللېكتىپ قالدۇرۇق، ھەرخىل سېلىقلار) 143.94 يۈەن بولۇپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن 38.31 يۈەن، يەنى 21% ئازايغان. بۇنىڭ ئىچىدە كوللېكتىپقا تاپشۇرۇلىدىغان ھۆددە ئېلىش ۋەزىپىسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 88.75 يۈەن بولۇپ، 23.89 يۈەن، يەنى 21.2% ئازايغان؛ ئوتتۇرىچە كوللېكتىپ قالدۇرۇق ۋە ھەرخىل سېلىقلار 55.19 يۈەن بولۇپ، 14.42 يۈەن، يەنى 20.7% ئازايغان.

ئالىم

## دېھقانلارنىڭ پاختىدىن قىلىدىغان نەق پۇل كىرىمى ئازايدى

ش ئۇ ئا ر يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ 30 ناھىيىدىكى 1500 ئائىلىلىك دېھقاننى ئارىلاپ تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدا كۆرسىتىلىشىچە، 1999 ـ يىلى شىنجاڭدىكى دېھقانلارنىڭ (بىڭتۇەن بۇنىڭ سىرتىدا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) پاختا سېتىشتىن قىلغان ئوتتۇرىچە نەق پۇل كىرىمى 650 يۈەن بولۇپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن 462 يۈەن، يەنى 41.5% ئازايغان.

دېھقانلارنىڭ پاختا سېتىشتىن قىلىدىغان نەق پۇل كىرىمىنىڭ كۆپلەپ ئازىيىپ كېتىشىنى، ئاساسلىقى، 2 جەھەتتىكى ئامىل كەلتۈرۈپ چىقارغان: 1999 ـ يىلى پاختا باھاسى قويۇۋېتىلگەندىن كېيىن، شىنجاڭدا پاختا سېتىۋېلىشتىكى يېتەكچى باھا ئۆلچەملىك دەرىجىسى 50 كىلوگرام ساپ پاختىنىڭ 370 يۈەن بولۇپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن 200 يۈەن چۈشكەن، ھەر كىلوگرام ساپ پاختىنىڭ باھاسى 4 يۈەن چۈشكەن. شۇ يىلى پاختىنىڭ سورتى ئۆستۈرۈلگەچكە، ھەر كىلوگرام ساپ پاختىنىڭ باھاسى، ئەمەلىيەتتە، 3.34 يۈەن چۈشكەن، پاختىدىن قىلىنىدىغان نەق پۇل كىرىمى كىشى بېشىغا 263 يۈەندىن ئازايغان. پاختا باھاسى چۈشۈپ كەتكەچكە، 1999 ـ يىلى شىنجاڭدا كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى ئازىيىپ كەتكەن، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان پاختا مەھسۇلاتى 81.83 كىلوگرام بولۇپ، 16.1 كىلوگرام ئازايغان. مەھسۇلات ۋە سېتىلىش مىقدارىنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى بىلەن پاختىدىن قىلىنىدىغان نەق پۇل كىرىمى كىشى بېشىغا 199 يۈەندىن ئازىيىپ كەتكەن.

جۇ شىچۈەن

## دېھقانلارنىڭ چارۋا بېقىش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى 1999 ـ يىلى دۆلەت ستاتىستىكا ئىدارىسى يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن، ئاپتونوم رايوندىكى 30 ناھىيە (شەھەر)، 300 كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى، 1500 ئائىلە دېھقاننىڭ چارۋىچىلىق ئەھۋالىنى تەكشۈردى. تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، 1999 ـ يىلنىڭ ئاخىرىدا دېھقانلارنىڭ قولىدىكى كالا ئائىلە بېشىغا 1.3 تىن، چوشقا 0.2 دىن، قوي، ئۆچكە 9.2 تۇياقتىن توغرا كەلگەن؛ تۆل بېرىدىغان ئانىلىق چارۋىلارنىڭ نىسبىتى جەھەتتە، كالا 49.9% نى، قوي، ئۆچكە 62.7% نى ئىگىلىگەن؛ شۇ يىلى ئائىلە بېشىغا 0.48 كالا، 0.2 چوشقا، 4.5 قوي، ئۆچكە قولدىن چىققان. قولدىن چىقىرىلىش نىسبىتى كالىنىڭ 39.4%، چوشقىنىڭ 100.9%، قوي، ئۆچكىنىڭ 53.6% بولغان. مۇشۇ بويىچە ھېسابلىغاندا، 1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 685 مىڭ تونىنا چوشقا، كالا، قوي، ئۆچكە گۆشى ئېلىنغان.

ليۇ شياۋلەن

## دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سېلىنمىسى ئازايدى

ش ئۇ ئا ر يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئولتۇراقلاشقان ئائىلىلەرنى ئارىلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندا دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى ئوتتۇرىچە سېلىنمىسى 1294.73 يۈەندىن توغرا كېلىپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن 326.87 يۈەن، يەنى 20.2% ئازايغان، بۇنىڭ ئىچىدە نەق پۇل سېلىنمىسى 1177.44 يۈەن بولۇپ، 330.55 يۈەن، يەنى 21.9% ئازايغان.

كونكرېت سېلىنما يۆنىلىشىدىن قارىغاندا، ئاپتونوم رايوندىكى دېھقانلارنىڭ 1 ـ كەسىپكە سالغان ئوتتۇرىچە سېلىنمىسى 1101.85 يۈەندىن توغرا كېلىپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن 294 يۈەن، يەنى 21.06% ئازايغان، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىققا سېلىنغان ئوتتۇرىچە سېلىنما 903.49 يۈەن بولۇپ، 23.1% ئازايغان؛ 2 ـ كەسىپكە سېلىنغان ئوتتۇرىچە سېلىنما 31.2 يۈەندىن توغرا كېلىپ، 45.9% ئازايغان؛ 3 ـ كەسىپكە سېلىنغان ئوتتۇرىچە سېلىنما 34.45 يۈەندىن توغرا كېلىپ، 33.9% ئازايغان. دېھقانلارنىڭ بەزى ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنى سېتىۋېلىش كۈچى ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئازايغان، بۇنىڭ ئىچىدە سېتىۋېلىنغان خىمىيىۋى ئوغۇت كىشى بېشىغا 14.23%، دېھقانچىلىق دورىلىرى 13%، كۆنجۈرە ئوغۇت 27.3%؛ دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۇلياۋ يوپۇق

%25.68، ئىشلەپچىقىرىشتا ئىشلىتىلىدىغان دىزېلىن %8.6 ئازايغان. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا كېرەكلىك تۇراقلىق مۈلۈك سېتىۋېلىشقا قىلغان ئوتتۇرىچە چىقىمى 156.12 يۈەندىن توغرا كېلىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 13.21 يۈەن، يەنى %7.8 ئازايغان، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ماشىنىلىرىنى سېتىۋېلىشقا قىلىنغان ئوتتۇرىچە چىقىم 60.65 يۈەندىن توغرا كېلىپ، 37.82 يۈەن، يەنى %38.4 ئازايغان.

دۈەن شياۋخۇا

## دېھقانلارنىڭ ئائىلە ئىگىلىكىدە ھەرخىل كەسىپلەردىن نەق پۇل كىرىم قىلىش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئولتۇراقلاشقان ئائىلىلەرنى ئارىلاپ تەكشۈرۈش سانلىق مەلۇماتىدا كۆرسىتىلىشىچە، 1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى دېھقانلارنىڭ ئائىلە ئىگىلىكى كىرىمى كىشى بېشىغا 1957.8 يۈەندىن توغرا كېلىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 513.12 يۈەن، يەنى %20.8 ئازايغان. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنى باشقۇرۇشتىن كىرگەن نەق پۇل كىرىمى 1727.47 يۈەن بولۇپ، %22 ئازايغان؛ 2 - كەسىپنى باشقۇرۇشتىن كىرگەن نەق پۇل كىرىمى 112.5 يۈەن بولۇپ، %2.3 ئازايغان؛ 3 - كەسىپنى باشقۇرۇشتىن كىرگەن نەق پۇل كىرىمى 103.42 يۈەن بولۇپ، %17.2 ئازايغان؛ باشقا ئائىلە ئىگىلىكلىرىدىن كىرگەن كىرىم 114.42 يۈەن بولۇپ، %3.4 ئازايغان. مەھسۇلاتلارنى سېتىشتىن كىرگەن نەق پۇل كىرىمى كىشى بېشىغا 1727.72 يۈەندىن توغرا كېلىپ، 488.19 يۈەن، يەنى %22 ئازايغان.

گۈلنار

## دېھقانلارنىڭ دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشتىن قىلغان نەق پۇل كىرىمى ئازايدى

ش ئۇ ئا ر يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئولتۇراقلاشقان ئائىلىلەرنى ئارىلاپ تەكشۈرۈش سانلىق مەلۇماتىدا كۆرسىتىلىشىچە، 1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى دېھقانلارنىڭ ھەرخىل دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشتىن قىلغان ئوتتۇرىچە نەق پۇل كىرىمى 1401.79 يۈەندىن توغرا كېلىپ، 1998 - يىلنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 533.94 يۈەن، يەنى %27.6 ئازايغان. بۇنىڭ ئىچىدە، ئاشلىقنىڭ 341.22 يۈەن بولۇپ، %8 ئازايغان، پاختىنىڭ 649.58 يۈەن بولۇپ، %41.6 ئازايغان؛ ياغلىق دانىنىڭ 69.98 يۈەن بولۇپ، %1.2 ئاشقان؛ شېكەر ماتېرىياللىرىنىڭ 67.45 يۈەن بولۇپ، %8.9 ئاشقان؛ كۆكتاتنىڭ 89.68 يۈەن بولۇپ، %21.9 ئازايغان. چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشتىن كىرگەن نەق پۇل كىرىمى كىشى بېشىغا 301.14 يۈەندىن توغرا كېلىپ، 1998 - يىلنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 48.09 يۈەن، يەنى %19 ئاشقان.

گۈلنار

## دېھقانلارنىڭ ساپ كىرىمىدە مەنپىي ئېشىش كۆرۈلدى

ش ئۇ ئا ر يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1473.17 يۈەندىن توغرا كېلىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 126.97 يۈەن، يەنى %7.93 ئازايغان، باھا ئۆسكەنلىك ئامىلىنىڭ تەسىرىنى چىقىرىۋەتكەندە، ئەمەلىيەتتە، %6.19 ئازايغان.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى دېھقانلار كىرىمىنىڭ ئۆزگىرىشىدىكى ئاساسىي ئالاھىدىلىكلەر مۇنداق بولغان: 1. دېھقانلارنىڭ ئەمگەك ھەققى كىرىمى ئۆرلىگەن، ئائىلە ئىگىلىكى كىرىمى ئازايغان. دېھقانلارنىڭ ھەرخىل كارخانىلار، ئىگىلىك تەشكىلاتلىرىدا ئەمگەك قىلىپ تاپقان ئوتتۇرىچە ئەمگەك ھەققى كىرىمى 109.19 يۈەندىن توغرا كېلىپ، خېلى يۇقىرى ئۆسۈش سۈرئىتىنى ساقلاپ قالغان. بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەب، بىر تەرەپتىن، 1998 - يىلدىكى ئاساس سانىنىڭ تۆۋەنرەك بولغانلىقى، يەنە بىر تەرەپتىن، 1999 - يىلى دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى باھاسى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كېتىپ، دېھقانلارنى ئەمگەك ئارقىلىق كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا مەجبۇر قىلغانلىقىدىن ئىبارەت. 1999 - يىلى دېھقانلارنىڭ ئائىلە ئىگىلىكىدىن قىلغان ساپ كىرىمى 1998 - يىلدىكى 1440.35 يۈەندىن 1299.46 يۈەنگە چۈشۈپ قېلىپ، 140.89 يۈەن، يەنى %9.78 ئازايغان. 2. ئائىلە ئىگىلىكى كىرىمىدە 1 -، 3 - كەسىپلەرنىڭ كىرىمى ئازايغان، 2 - كەسىپنىڭ كىرىمى ئاشقان. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى دېھقانلارنىڭ 1 - كەسىپتىن قىلغان ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1148.97 يۈەندىن توغرا كېلىپ، %10.4 ئازايغان، 3 - كەسىپتىن قىلغان ئوتتۇرىچە كىرىمى 126.04 يۈەندىن توغرا كېلىپ، %3.4 ئازايغان، 2 - كەسىپتىن كىرگەن ئوتتۇرىچە ساپ كىرىم 8.61 يۈەندىن توغرا كېلىپ، %39.8 ئاشقان. 3. يۆتكىلىشچان ۋە مال - مۈلۈك خاراكتېرىدىكى كىرىم داۋاملىق ئازايغان. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى دېھقانلارنىڭ يۆتكىلىشچان ۋە مال - مۈلۈك خاراكتېرىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 64.52 يۈەندىن توغرا كېلىپ، %14 ئازايغان.

4. دېھقانلارنىڭ ئومۇمىي ساپ كىرىمىدە نەق پۇل ساپ كىرىمىنىڭ سالمىقى تۆۋەنلىگەن، ناتۇرال كىرىمنىڭ سالمىقى ئۆرلىگەن. تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولۇشىچە، 1999 - يىلى دېھقانلارنىڭ ساپ كىرىمىدە نەق پۇل ساپ كىرىمىنىڭ سالمىقى 1998 - يىلدىكى %62.2 تىن %58.1 كە چۈشكەن، ناتۇرال ساپ كىرىمنىڭ سالمىقى بولسا، %37.8 تىن %41.9 كە ئۆرلىگەن.

ئاپتونوم رايوندىكى دېھقانلار ساپ كىرىمىنىڭ قۇرۇلما ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، ئەمگەكچىلەرنىڭ ھەق كىرىمى ۋە 2 - كەسىپتىن كىرگەن كىرىمدە ئۆرلەش ھالىتى بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئىگىلىگەن سالمىقى تولىمۇ ئاز بولغان، بارلىق ساپ كىرىمنىڭ %78 نى ئىگىلەيدىغان 1 - كەسىپتىن كىرگەن ساپ كىرىمنىڭ ئازايغانلىقى 1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى دېھقانلار كىرىمىنىڭ ئازىيىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەڭ ئاساسلىق ئامىل بولۇپ قالغان، دېھقانچىلىق كىرىمىنىڭ ئازىيىپ كېتىشى بولسا، ئۆز نۆۋىتىدە، 1 - كەسىپتىن كىرگەن كىرىمنىڭ ئازىيىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغان ئاساسلىق سەۋەب بولۇپ قالغان. تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، 1999 - يىلى دېھقانلارنىڭ 1 - كەسىپتىن قىلغان كىرىمىنىڭ ئازىيىش مىقدارى كىشى بېشىغا 133.38 يۈەندىن توغرا كەلگەن، دېھقانچىلىقتىن كىرىدىغان كىرىمنىڭ ئازىيىش مىقدارى بولسا، كىشى بېشىغا 203.51 يۈەندىن توغرا كېلىپ، %18.1 ئازايغان.

دۈەن شياۋخۇا

## يېزا ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمىدىكى پەرق كېڭەيدى

ش ئۇ ئا ر يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئولتۇراقلاشقان ئائىلىلەرنى ئارىلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، شىنجاڭدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمىدىكى پەرق يەنىمۇ كېڭەيگەن، پەرقنىڭ ئېشىش سۈرئىتى 1998 - يىلدىكىدىن سەل تېز بولغان. ئالاقىدار سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسەن ھېسابلىغاندا، 1999 - يىلى %20 تۆۋەن كىرىملىك ئائىلىلەر بىلەن %20 يۇقىرى كىرىملىك ئائىلىلەرنىڭ قىلغان ساپ كىرىمىنىڭ نىسبىتى 1998 - يىلدىكى 1:3.55 تىن 1:3.61 گە كېڭەيگەن. 1999 - يىلى گىنىي كوئېففىتسىيېنتى 0.3834 بولۇپ، %0.97 ئاشقان، ئېشىش دەرىجىسى 0.73 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىگەن. گىنىي كوئېففىتسىيېنتىدىكى ئۆزگىرىش تېزلىتىلگەن بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا 0.4 تىن ئاز بولۇپ، دارامەت تەقسىماتىدىكى مۇۋاپىق دائىرە ئىچىدە تۇرغان.

يى بىن

## نامرات ناھىيىلەرنىڭ كىرىم ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ دۆلەت دەرىجىلىك 25 نامرات ناھىيە ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 5 ناھىيىدىكى 1500 ئائىلىلىك دېھقان، چارۋىچىنىڭ نامراتلىق ئەھۋالىنى كۆزىتىپ ئۆلچەپ تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدا كۆرسىتىلىشىچە، نامرات ناھىيىلەردىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى بىلەن ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتتۇرىچە سەۋىيىنىڭ پەرقى پەيدىنپەي ئازايغان، ئۇل مۇئەسسەسەلەر ۋە ئاساسىي تۇرمۇش مۇھىتى يىلدىن - يىلغا ياخشىلانغان. 1999 - يىلى 30 نامرات ناھىيىدە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ساپ كىرىم 1069.80 يۈەن بولۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتتۇرىچە سەۋىيىنىڭ %72.62 ىگە تەڭ كەلگەن، 1998 - يىلدىكىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، كېمەيگەن كىرىم كىشى بېشىغا 17.93 يۈەندىن توغرا كېلىپ، %1.65 ئازايغان، ئازىيىش دەرىجىسى ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتتۇرىچە سەۋىيىدىن 6.28 پىرسەنت پوئىنتى ئاز بولغان، ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتتۇرىچە سەۋىيە بىلەن بولغان پەرق 4.6 پىرسەنت پوئىنتى ئازايغان. 30 نامرات ناھىيىدە توك بار كەنت %89 نى ئىگىلەپ، 2 پىرسەنت پوئىنتى ئۆسكەن؛ تېلېفون ئورنىتىلغان كەنت %45 نى ئىگىلەپ، 4 پىرسەنت پوئىنتى ئۆسكەن؛ پوچتا ئالاقىسى يولغا قويۇلغان كەنت %45 نى ئىگىلىگەن؛ سىملىق رادىئو بار كەنت %89 نى ئىگىلىگەن؛ تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى قوبۇل قىلالايدىغان كەنت %39 نى ئىگىلىگەن؛ بىخەتەر، پاكىز سۇ ئىچىدىغان كەنت %66 نى ئىگىلەپ، 6 پىرسەنت پوئىنتى ئۆسكەن؛ يېزا ئاھالىلىرىدىن تۇرمۇشقا كېرەكلىك يېقىلغۇدا ئوتۇن - پاخالنى ئاساس قىلىدىغانلار %63 نى ئىگىلىگەن، كۆمۈر قالايدىغانلار 2 - ئورۇندا بولۇپ، %29 نى ئىگىلىگەن؛ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ سىرتقا چىققاندا ئىشلىتىدىغان قاتناش قوراللىرى ئاپتوبۇس، ئات ھارۋىسى ۋە ۋېلسىپىتنى ئاساس قىلغان، ئاپتوبۇسقا ئولتۇرىدىغانلار %41 نى ئىگىلىگەن، ئات ھارۋىسىغا چۈشىدىغانلار ۋە ئاتلىق ماڭىدىغانلار قاتارلىقلار %25 نى ئىگىلىگەن، ۋېلسىپىت مىنىدىغانلار %21 نى ئىگىلىگەن، باشقا ماتورلۇق قاتناش قوراللىرىغا ئولتۇرىدىغانلار %11 نى ئىگىلىگەن، پىيادە ماڭىدىغانلار %2 نى ئىگىلىگەن.

ۋاڭ يۇڭيالڭ

## يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ يۆتكىلىشى 3 - كەسىپكە قاراپ ئاغدى

ش ئۇ ئا ر يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى 1999 - يىلى ئاپتونوم

رايوندىكى 30 ناھىيە (شەھەر) دىكى 1500 ئائىلىلىك دېھقاننى ئارىلاپ تەكشۈردى، تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، ئاپتونوم رايوندىكى يۆتكىلىشچان ئەمگەك كۈچلىرى يېزىلاردىكى ئەمگەك كۈچلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ %3.5 نى ئىگىلىگەن، يۆتكىلىشچان ئەمگەك كۈچلىرى ئىچىدە 1 - كەسىپكە يۆتكەلگەن (رايون خاراكتېرلىك يۆتكەلگەن) ئادەم سانى يۆتكىلىشچان ئەمگەك كۈچلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ %8.6 نى ئىگىلىگەن. 2 - كەسىپكە يۆتكەلگىنى %14.7 نى، 3 - كەسىپكە يۆتكەلگىنى %76.7 نى ئىگىلىگەن. يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ يۆتكەلگەن كەسىپ يۆنىلىشىدىن قارىغاندا، رەت تەرتىپى بويىچە تىزغاندا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان كەسىپلەر سودا، يېمەك - ئىچمەك كەسپى، مۇلازىمەت كەسپى، مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە سەھىيە، سانائەت، قاتناش - ترانسپورت كەسىپلىرى ئىكەن. يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرى يۆتكىلىدىغان كەسىپلەرنى ئاللاشتا 3 - كەسىپكە قاراپ ئاققان.

چى تۆۋشىن

## يېزىلاردىكى يۆتكىلىشچان ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ساپاسى ئادەتتىكى ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ساپاسىدىن يۇقىرى

ش ئۇ ئا ر يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئاپتونوم رايوندىكى 30 ناھىيە (شەھەر) دىكى 1500 ئائىلە دېھقاننى تەكشۈرۈش ئەھۋالىدىن مەلۇم بولۇشىچە، 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون يېزىلىرىدىكى يۆتكىلىشچان ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ساپاسى يېزىلاردىكى ئادەتتىكى ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ساپاسىدىن روشەن ھالدا يۇقىرى ئىكەن. يۆتكىلىشچان ئەمگەك كۈچلىرى ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرا ۋە تولۇق ئوتتۇرىدىن يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگىلەر يۆتكىلىشچان ئەمگەك كۈچلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ %49.9 نى ئىگىلىگەن، ئاپتونوم رايون يېزىلىرىدىكى ئەمگەك كۈچلىرى ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرا ۋە تولۇق ئوتتۇرىدىن يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگىلەر ئاران %6.6 نىلا ئىگىلىگەن. تەربىيىلىنىش ۋاقتىغا ئاساسەن ھېسابلىغاندا، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر يۆتكىلىشچان ئەمگەك كۈچىنىڭ تەربىيىلەنگەن ۋاقتى 10.36 يىل ئىكەن، ئادەتتىكى ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تەربىيىلەنگەن ۋاقتى بولسا، 6.94 يىل ئىكەن.

يېزىلاردىكى يۆتكىلىشچان ئەمگەك كۈچلىرى ئىچىدە كەسپىي تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەنگەن ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ نىسبىتى يېزىلاردىكى ئادەتتىكى ئەمگەك كۈچلىرىدىن روشەن ھالدا يۇقىرى ئىكەن. تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون يېزىلىرىدىكى يۆتكىلىشچان ئەمگەك كۈچلىرى ئىچىدە، كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەنگەن ئەمگەك كۈچلىرى %62.1 نى ئىگىلىگەن، يېزىلاردىكى ئادەتتىكى ئەمگەك كۈچلىرى ئىچىدىكى كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەنگەنلەر بولسا، %36.3 نىلا ئىگىلىگەن.

چى تۆۋشىن

## ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى دېھقان ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئۆستى

ش ئۇ ئا ر يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئولتۇراقلاشقان ئائىلىلەرنى ئارىلاپ تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدا كۆرسىتىلىشىچە، 1993 - يىلى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى دېھقان ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ تەربىيىلىنىش دەرىجىسى 6.11 يىل بولغان بولسا، 1999 - يىلى 6.77 يىل بولغان، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى دېھقان ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئۆسكەن. بۇنىڭ كونكرېت ئىپادىسى مۇنداق ئىكەن:

1. ئاز سانلىق مىللەت دېھقانلىرىنىڭ ئوقۇش يېشىدىكى بالىلىرىنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى ئۆسكەن. 1999 - يىلى ئاز سانلىق مىللەت دېھقانلىرى ئائىلىسىدىكى 6 ياشتىن 11 ياشقىچە بولغان بالىلارنىڭ مەكتەپتە ئوقۇش نىسبىتى %86.82 بولۇپ، 1993 - يىلدىكىدىن 11.95 پىرسەنت يۇقىرى ئۆسكەن، باشقا ياشتىكىلەرنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتىمۇ ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئۆسكەن.

2. ئاز سانلىق مىللەت دېھقانلىرىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى ئۆسكەن. 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا يېزىلاردىكى ھەر 100 ئەمگەك كۈچى ئىچىدە ساۋاتسىزلار ياكى چala ساۋاتلىقلار %10.86 نى ئىگىلەپ، 1993 - يىلدىكىدىن 6.63 پىرسەنت يۇقىرى ئازايغان؛ باشلانغۇچ مەكتەپ مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىكىلەر %50.01 نى ئىگىلەپ، 1.36 پىرسەنت يۇقىرى ئازايغان؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىكىلەر %31.35 نى ئىگىلەپ، 7.42 پىرسەنت يۇقىرى ئۆرلىگەن؛ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىكىلەر ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىكىلەر %7.78 نى ئىگىلەپ، 0.57 پىرسەنت يۇقىرى ئۆرلىگەن.

3. ئاز سانلىق مىللەت دېھقانلىرى ماددىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەدەنىي، مەنىۋى ھاياتقا تېخىمۇ ئېتىبار بېرىشكە باشلىغان. 1999 - يىلى ئاز سانلىق مىللەت دېھقانلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مەدەنىيەت بۇيۇملىرى ۋە كۆڭۈل ئېچىش ئىستېمال چىقىمى 74.99 يۈەن بولۇپ، 1993 - يىلدىكىدىن 1.1 ھەسسە ئاشقان، كىشى

بېشىغا مۇشتەرى بولۇنغان كىتاب، گېزىت، ژۇرنال 2.4 ھەسسە ئاشقان.

گۈلباھار

## يېزىلاردىكى يۆتكىلىشچان ئەمگەك كۈچلىرى 650 مىليون يۈەن پۇلنى يېزىلارغا ئېلىپ كەلدى

ش ئۇ ئا ر يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئاپتونوم رايوندىكى 30 ناھىيە (شەھەر) نىڭ 287 كەنتىدىكى 1500 ئائىلىلىك دېھقاننى ئارىلاپ تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون يېزىلىرىدىكى يۆتكىلىشچان ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ يېزىلاردىكى ئەمگەك كۈچلىرىدە ئىگىلىگەن سالمىقى 3.5% بولغان، بۇ يۆتكىلىشچان ئەمگەك كۈچلىرى ئەۋەتكەن ۋە ئۆزى ئېلىپ قايتقان ئوتتۇرىچە نەق پۇل 4696 يۈەن بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 37.9% ئاشقان. تۈرلۈك كەسىپلەردىكى ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، سانائەت، بىناكارلىقتىكى يۆتكىلىشچان ئەمگەك كۈچلىرى ئەۋەتكەن ۋە ئۆزى ئېلىپ قايتقان ئوتتۇرىچە نەق پۇل 3120 يۈەندىن توغرا كەلگەن، قاتناش، ترانسپورت، سودا، يېمەك - ئىچمەك، مۇلازىمەت كەسىپلىرىدىكى يۆتكىلىشچان ئەمگەك كۈچلىرى ئەۋەتكەن ۋە ئۆزى ئېلىپ قايتقان ئوتتۇرىچە نەق پۇل 5491 يۈەندىن توغرا كەلگەن.

يۆتكىلىشچان ئەمگەك كۈچلىرى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئەۋەتكەن ۋە ئۆزى ئېلىپ قايتقان 4696 يۈەن نەق پۇل بويىچە مۆلچەرلىگەندە، 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون يېزىلىرىدىكى يۆتكىلىشچان ئەمگەك كۈچلىرى ئەۋەتكەن ۋە ئۆزى ئېلىپ قايتقان جەمئىي نەق پۇل 650 مىليون يۈەنگە يەتكەن.

چى تۇڭشىن

## دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى ئازايدى

ش ئۇ ئا ر يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئولتۇراقلاشقان ئائىلىلەرنى ئارىلاپ تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، 1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 1282.49 يۈەن بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 167.8 يۈەن، يەنى 11.6% ئازايغان، باھا ئۆسكەنلىك ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە، ئەمەلىيەتتە، 9.58% ئازايغان. بۇنىڭ ئىچىدە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان نەق پۇل ئىستېمال چىقىمى 874.52 يۈەن بولۇپ، 153.28 يۈەن، يەنى 14.9% ئازايغان. ھەرخىل ئىستېمال چىقىملىرى ئىچىدە تىببىي داۋالاش، ساقلىق ساقلاش چىقىمىنىڭ ئازىيىش دەرىجىسى ھەممىدىن چوڭ بولغان، ئىستېمال ئېلاستىكىلىقى كىچىكرەك بولغان يېمەكلىكلەر چىقىمىنىڭ ئازىيىش دەرىجىسى ھەممىدىن كىچىك بولغان. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە تىببىي داۋالاش، ساقلىق ساقلاش چىقىمى 72.84 يۈەن بولۇپ، 26.9% ئازايغان؛ يېمەكلىكلەر چىقىمى 686.37 يۈەن بولۇپ، 3.8% ئازايغان؛ كىيىم - كېچەك ئىستېمال چىقىمى 119.81 يۈەن بولۇپ، 19.1% ئازايغان؛ تۇرالغۇ چىقىمى 147.52 يۈەن بولۇپ، 26.3% ئازايغان؛ ئۆي جاھازلىرى ۋە لازىمەتلىكلەر چىقىمى 50.84 يۈەن بولۇپ، 23.8% ئازايغان؛ قاتناش ۋە ئالاقىلىشىش ئىستېمال چىقىمى 59.03 يۈەن بولۇپ، 21.1% ئازايغان؛ باشقا تاۋارلار ۋە مۇلازىمەت ئىستېمال چىقىمى 38.33 يۈەن بولۇپ، 15.5% ئازايغان.

دۇەن شياۋخۇا

## ئاز سانلىق مىللەت دېھقانلىرىنىڭ تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى ئازايدى

ش ئۇ ئا ر يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئولتۇراقلاشقان ئائىلىلەرنى ئارىلاپ تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، 1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەت دېھقانلىرىنىڭ تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 1096.28 يۈەن بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 103.79 يۈەن، يەنى 8.7% ئازايغان. بۇنىڭ ئىچىدە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان نەق پۇل ئىستېمال چىقىمى 702.01 يۈەن بولۇپ، 76.56 يۈەن، يەنى 9.8% ئازايغان. ھەرخىل ئىستېمال چىقىملىرى ئىچىدە تۇرالغۇ چىقىمى 4.18% ئاشقان، مەدەنىيەت، مائارىپ، كۆڭۈل ئېچىش چىقىمى 4.15% ئاشقان، يېمەكلىكلەر چىقىمى 4.32% ئازايغان، كىيىم - كېچەك چىقىمى 19.38% ئازايغان، ئۆي جاھازلىرى ۋە لازىمەتلىكلەر چىقىمى 14.82% ئازايغان، تىببىي داۋالاش چىقىمى 29.86% ئازايغان، قاتناش ۋە ئالاقىلىشىش چىقىمى 35.28% ئازايغان، باشقا تاۋارلار ۋە مۇلازىمەت چىقىمى 14.97% ئازايغان.

گۈلباھار

## دېھقانلارنىڭ چىدامىلىق ئىستېمال بۇيۇملىرىغا ئىگە بولۇش مىقدارىنىڭ ئېشىش ۋەزىيىتى ئاجىزلاشتى

ش ئۇ ئا ر يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئولتۇراقلاشقان ئائىلىلەرنى ئارىلاپ تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، 1999 - يىلى شىنجاڭدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ چىدامىلىق ئىستېمال بۇيۇملىرىغا ئىگە بولۇش مىقدارى كىمىيىش ۋە سېتىۋېلىش كۈچىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك

تۈۋەنلىگەنلىكىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئېشىش ۋەزىيىتى تۇسالغۇغا دۇچ كەلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە ھەر 100 ئائىلىگە توغرا كېلىدىغان رەڭلىك تېلېۋىزور 28.27 بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 9.2% ئاشقان، ئېشىش دەرىجىسى 1.8 پىرسەنت پوئىنتى ئازايغان؛ توڭلاتقۇ 8.53 بولۇپ، 12.2% ئاشقان، ئېشىش دەرىجىسى 10.4 پىرسەنت پوئىنتى ئازايغان؛ كىر ئالغۇ 20.87 بولۇپ، 1.3% ئاشقان، ئېشىش دەرىجىسى بىر پىرسەنت پوئىنتى ئازايغان؛ موتسىكلىت 17.73 بولۇپ، 1.3% ئاشقان، ئېشىش دەرىجىسى 24.7 پىرسەنت پوئىنتى ئازايغان. چىدامىلىق ئىستېمال بۇيۇملىرىدىن توك شامالدۇرغۇچ 5.2%، بۇس تارتقۇ 36.3% ئازايغان.

يى بىن

## دېھقانلارنىڭ ئۆي جاھازلىرى، لازىمەتلىكلەر ۋە مۇلازىمەت چىقىمى ئازايدى

ش ئۇ ئا ر يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئاپتونوم رايوندىكى 30 ناھىيە (شەھەر) دىكى 1500 دېھقان ئائىلىسىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدا كۆرسىتىلىشىچە، 1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى دېھقانلارنىڭ ئۆي جاھازلىرى، لازىمەتلىكلەر ۋە مۇلازىمەت جەھەتتىكى ئوتتۇرىچە چىقىمى 50.84 يۈەن بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 15.89 يۈەن، يەنى 23.8% ئازايغان. بۇنىڭ ئىچىدە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان چىدامىلىق ئىستېمال بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىش چىقىمى 16.39 يۈەن بولۇپ، 9.25 يۈەن، يەنى 36.1% ئازايغان؛ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئائىلىلەرنىڭ كۈندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرى چىقىمى 27.4 يۈەن بولۇپ، 4.34 يۈەن، يەنى 13.7% ئازايغان؛ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئۆي جاھاز - بۇيۇملىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش - رېمونت قىلىش خىراجىتى 1.78 يۈەن بولۇپ، 5.3% ئاشقان.

ئالىم

## دېھقانلارنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ، كۆڭۈل ئېچىش بۇيۇملىرى ۋە مۇلازىمەت چىقىمى ئاشتى

ش ئۇ ئا ر يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئولتۇراقلاشقان ئائىلىلەرنى ئارىلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى دېھقانلارنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ، كۆڭۈل ئېچىش بۇيۇملىرى ۋە مۇلازىمەت چىقىمىدا ئۆرلەش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلگەن، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان چىقىم 108 يۈەن بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 5.5% ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىتاب، گېزىت، ژۇرنال خىراجىتى چىقىمى 2.14 يۈەن بولۇپ، 43.6% ئاشقان؛ ئوقۇش پۇلى ۋە ھەر خىل پارچە - پۇرات خىراجەتلەر چىقىمى 81 يۈەن بولۇپ، 12.5% ئاشقان؛ تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش خىراجىتى چىقىمى 2.27 يۈەن بولۇپ، 2.7% ئاشقان. تەكشۈرۈش داۋامىدىكى سانلىق مەلۇماتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، ھەر 100 دېھقان ئائىلىسى ئىگە بولغان تېلېۋىزور 90.5 بولۇپ، 1.4% ئاشقان؛ سىنئالغۇ 1.2 بولۇپ، 6.2% ئاشقان؛ سىنئالغۇ لېنتىسى 2 بولۇپ، 36.1% ئاشقان؛ فوتو ئاپپارات 2.53 بولۇپ، 22.2% ئاشقان؛ فوتو ئاپپارات لېنتىسى 1.33 بولۇپ، 82.2% ئاشقان. مەدەنىيەت، مائارىپ، كۆڭۈل ئېچىش بۇيۇملىرى ۋە مۇلازىمەت چىقىمىنىڭ ئېشىشى بىلەن دېھقانلارنىڭ ئىشتىن سىرتقى مەدەنىي ھاياتى بېيىغان، دېھقانلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشى خىلمۇ خىللىشىشقا، يۇقىرى قاتلامغا قاراپ راۋاجلىنىۋاتقان ئىكەن.

يى بىن

# ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش

## ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتى

ئاپتونوم رايونىمىزدا 1999 - يىلى مەملىكەتلىك ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى، خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكى، باش سىياسىي بۆلۈمنىڭ «مەملىكەت بويىچە ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى نەمۇنىچى شەھەر (ناھىيە) لەرگە نام بېرىش، باھالاش ۋە تەۋسىيە قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»ىغا ئاساسەن، ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن، 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە مەملىكەت بويىچە ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى نەمۇنىچى شەھەر (ناھىيە) بولۇشقا يوللىنىدىغان 17 شەھەر (ناھىيە) تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى. توغرا ئىنىقلىق سېلىشتۇرۇپ باھالاش، تۈرلەر بويىچە نومۇر قويۇش، يىغىنچاقلاش ۋە جەملەش ئارقىلىق مەملىكەت بويىچە ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى شەھەر (ناھىيە) بولۇشقا يوللىنىدىغان شەھەر (ناھىيە) لەر دۆلەتكە تەۋسىيە قىلىندى، بۇلار: ئۈرۈمچى شەھىرى، ئاقسۇ شەھىرى، كورلا شەھىرى، سانجى شەھىرى، كۆكتوقاي

ناھىيىسى، قاراماي شەھىرى، شىخەنزە شەھىرى، قەشقەر شەھىرى، تۇرپان شەھىرى، خوشۇت ناھىيىسى ۋە قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ جاي - جايلىرىدا ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش، ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش، خەلقنى سۆيۈشتىكى ئىلغار كوللېكتىپتىن 3068 ى، ئىلغار شەخستىن 9520 سى تەقدىرلەندى. ئاپتونوم رايون بويىچە 53 ناھىيە (شەھەر) دىكى ئىككىنى ھىمايە قىلىش ئىشخانىسىغا مەخسۇس (قوشۇمچە) خىزمەت ئىشلەيدىغان خادىم سەپلەپ بېرىلىپ، ئىككىنى ھىمايە قىلىش تەشكىلىي ئاپپاراتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايوندىكى ئارمىيە (ساقچى) - خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش نۇقتىسى 3600 دىن كۆپرەككە يەتتى، ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش مۇلازىمەت تەشكىلاتىدىن 15 مىڭ 600 ى، ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش، خەلقنى سۆيۈش گۇرۇپپىسىدىن 4200 نەچچىسى قۇرۇلدى، يىلبويى ئاساسىي قاتلامدا ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 250 مىڭدىن ئاشتى. ئاپتونوم رايوندىكى يېزا - بازاردىن يۇقىرى 1200 دىن ئارتۇق پارتىيە مەكتىپى كادىرلارنى تەربىيىلەش داۋامىدا دۆلەت مۇداپىئە تەربىيىسى دەرسى تەسىس قىلدى، ھەر دەرىجىلىك مائارىپ تارماقلىرى يەنە دۆلەت مۇداپىئە تەربىيىسىنى مەكتەپلەرنىڭ ئەخلاق تەربىيىسى ۋە ئوقۇتۇش خىزمىتى سىستېمىسىغا كىرگۈزدى. ئاپتونوم رايوندىكى %90 تىن ئارتۇق ئالىي مەكتەپ ۋە ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە، %95 تىن ئارتۇق ئوتتۇرا تېخنىكوم ۋە تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىدە دۆلەت مۇداپىئە تەربىيىسى دەرسى يولغا قويۇلدى، %75 ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپتە ھەربىي تەلىم - تەربىيە دەرسى تەسىس قىلىندى. ئىككىنى ھىمايە قىلىشقا ئائىت 5600 دىن ئارتۇق خەۋەر، ماقالە ھەرخىل گېزىت، ژۇرناللارغا بېسىلدى، رادىئو (تېلېۋىزىيە) ئىستانسىلىرىدا ئاڭلىتىلدى ۋە كۆرسىتىلدى، 7 ناھىيە (شەھەر) نىڭ ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى ئىش - ئىزلىرى مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا كۆرسىتىلدى. شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملاردا ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى ئىلغار شەخسلەر تۈركۈم - تۈركۈملەپ بارلىققا كەلدى. تولۇقسىز مەلۇماتقا قارىغاندا، 1998 - يىلدىن 1999 - يىلغىچە تۆۋەندىن يۇقىرى 23 ئورۇن، 38 ئىلغار شەخس ھەربىي كومىتېت تەرىپىدىن تەقدىرلەنگەن؛ 107 ئىلغار كوللېكتىپ، 248 ئىلغار شەخس باش سىياسىي بۆلۈم، باش شتاب بۆلۈمى، باش ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى تەرىپىدىن تەقدىرلەنگەن؛ 1460 ئىلغار كوللېكتىپ، 11 مىڭ 950 ئىلغار شەخس شىنجاڭ ھەربىي رايونى، قوراللىق ساقچى قىسىملىرى شىنجاڭ باش ئەترىتى، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيە قىسىملىرى، دۆلەت مۇداپىئە مەلۇم بازىسى تەرىپىدىن تەقدىرلەندى.

جاڭ لېيرۇڭ

## ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغانلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندا ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىردىن 1376 سى (ئازادلىق ئارمىيىدىن 1093 ئادەم، قوراللىق ساقچى قىسىملىرىدىن 283 ئادەم) قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە شى دەرىجىلىك كادىر بىر، تۇەن دەرىجىلىك كادىر 249، يىڭ دەرىجىلىك كادىر 475، ليەن، پەي دەرىجىلىك كادىر 245، تېخنىك كادىر 406. ئۇلار بىلەن بىللە يۆتكىلىپ (كۆچۈپ) كەلگەن ئائىلە تاۋابىئاتلار 111 ئائىلە. بۇ، ھەربىي قىسىملاردىن 1 مىليون ئادەم قىسقارتىلغاندىن بېرى ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلار ئەڭ كۆپ قوبۇل قىلىنغان بىر يىل بولدى، شۇڭا ۋەزىپە ئىنتايىن ئېغىر بولدى. «ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلارنى ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ خىزمەت ئىشلەشكە رىغبەتلەندۈرۈش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» تۈزۈپ چىقىلىپ، كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلار ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ تۆھپە يارىتىش، ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىنى تولۇقلاش ۋە كۈچەيتىشكە ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى ئارقىلىق رىغبەتلەندۈرۈلدى. ئىككى تەرەپ ئۆز ئارا تاللاش، تەمىنلىگۈچى تەرەپ بىلەن ئېھتىياجلىق تەرەپنى يۈز كۆرۈشتۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش چارىسى ئۈستىدە پايدىلىق سىناق ئېلىپ بېرىلدى، ئىككى تەرەپ ئۆز ئارا تاللاش ئارقىلىق كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلارنىڭ %70 ى ئۆزىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ۋە ئۆزى رازى بولىدىغان ئىش ئورنى تاپتى، تۇەن دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ ئىككى تەرەپ ئۆز ئارا تاللاش نىسبىتى %90 كە يەتتى. كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلار ئۆزى ئىش تېپىشقا ياكى غەيرىي ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى ئورۇنلارغا بېرىپ ئىشلەشكە پائال رىغبەتلەندۈرۈلدى. ئاپتونوم رايون تەقسىمات پىلانىنىڭ دەل ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، كۈچلۈك بۇيرۇق خاراكتېرىنى ئالغان پىلانلىق تەقسىماتقا ئائىت 10 ماددىلىق بەلگىلىمە چىقىرىپ، 1999 - يىلى ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغانلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنىڭ

مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىلىشىنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىن ئەتتى.

پياڭ كېچېڭ، ئاڭ شياۋبىڭ

## ھەربىيلىكتىن بوشانغانلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى

ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەپ ھەربىيلىكتىن بوشانغانلار ئورۇنلاشتۇرۇلدى 1999 - يىلى قىشتا ئاپتونوم رايون بويىچە ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەپ ھەربىيلىكتىن بوشانغانلاردىن 7181 ى قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 5303 ى شەھەر - بازارلارغا، 1878 ى يېزىلارغا قوبۇل قىلىندى. 12 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە شەھەر - بازارلاردا ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەپ ھەربىيلىكتىن بوشانغانلاردىن 4772 سى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئورۇنلاشتۇرۇلۇش نىسبىتى %90 بولدى. شۇ يىلى ھەربىي قىسىملارغىمۇ، يەرلىك ئورۇنلارغىمۇ يارامىلىق ئىختىساسلىقلاردىن 2052 سى قوبۇل قىلىندى، بۇلاردىن 1275 ى ئىشقا قويۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - بازارلاردىكى ھەمكەسىپ ئورۇنلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 629، يېزىلاردا ئىشقا قويۇلغىنى 646، ئىشقا قويۇلۇش نىسبىتى %62 بولدى.

كەسىپ ئالماشتۇرغان پىدائىي ئەسكەرلەر ۋە ھەربىي سەپتىن قايتقان كادىرلار ئورۇنلاشتۇرۇلدى 1999 - يىلى ئەتىيازدا ئاپتونوم رايون بويىچە كەسىپ ئالماشتۇرغان پىدائىي ئەسكەردىن 770 ى قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە مۇددىتى توشۇپ نورمال كەسىپ ئالماشتۇرغانلار 692، ئىخچاملاش سەۋەبىدىن مۇددەتتىن بۇرۇن كەسىپ ئالماشتۇرغانلار 64، كارخانا بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەنلەر 14. يىل ئاخىرىغىچە كەسىپ ئالماشتۇرغان پىدائىي ئەسكەرلەردىن 693 ى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئورۇنلاشتۇرۇلۇش نىسبىتى %90 بولدى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ھەربىي سەپتىن قايتقان كادىردىن 257 سى قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە پىلان بويىچە قوبۇل قىلىنغىنى 222، كەسىپ ئالماشتۇرۇش ھەربىي سەپتىن قايتىشقا ئۆزگەرتىلگىنى 35. يىل ئاخىرىغىچە %85 كىشى جايلاردا نوپۇس، ئاشلىق رەسمىيىتىنى بېجىردى.

باشقا جايلارغا تاللاپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى 1999 - يىلى ئاقسۇ، قىزىلسۇ، قەشقەر، خوتەندىن ئىبارەت 4 ۋىلايەت (ئوبلاست) كە ھەربىيلىكتىن بوشانغان مۇنەۋۋەر ئەسكەردىن 460 ى تاللاپ ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، يېزا - بازار كادىرلىرى ۋە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش كادىرلىرى قوشۇنى تولۇقلاندى؛ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملاردىن ئاپتونوم رايوندىكى شارائىتى جاپا - مۇشەققەتلىك بولغان زاۋۇت، كان، كارخانىلارغا ھەربىيلىكتىن بوشانغان يېزىلىق 135 ئەسكەر تاللاپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

جاڭ كۈيخەي

## ئارمىيىدىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلارنى ۋە پېنسىيىگە چىققان، خىزمەتتىن چېكىنگەن ھەربىي سالاھىيىتى بولمىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى

1. 1999 - يىلى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، شىنجاڭ ھەربىي رايونى، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيە قىسىملىرى، «89800» قىسىم، قوراللىق ساقچى قىسىملىرى شىنجاڭ باش ئەترىتىدىن 4 - تۈركۈمدە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلاردىن 75 ى قوبۇل قىلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئارمىيىدىن 2 - تۈركۈمدە پېنسىيىگە چىققان، خىزمەتتىن چېكىنگەن ھەربىي سالاھىيىتى بولمىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن 140 ى قوبۇل قىلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

2. ئاپتونوم رايوندا 1999 - يىلى ئارمىيىدىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلار ۋە پېنسىيىگە چىققان، خىزمەتتىن چېكىنگەن ھەربىي سالاھىيىتى بولمىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش خىراجىتى ۋە باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىنىڭ خىراجىتى ئۈچۈن 21 مىليون 430 مىڭ يۈەن ئاجرىتىلدى. 5 - تۈركۈمدە ئارمىيىدىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلارغا ئۆي سېلىش خىراجىتى ئۈچۈن 10 مىليون 800 مىڭ يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

3. دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، 1998 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن ئىلگىرى يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن ئارمىيىدىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلارنىڭ 1997 - يىلىدىن 1999 - يىلىغىچە بولغان ھەربىي ئاشلىق باھا پەرقى ياردەم پۇلى تولۇقلاپ بېرىلدى.

4. دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، ئارمىيىدىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلار ۋە خىزمەتچىلەرگە كۆلىمى 25 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىغان 317 يۈرۈش تۇرالغۇ ئۆي سېتىپ بېرىلدى، ئۆي سېتىلغان پۇلدىن 5 مىليون 640 مىڭ يۈەن يىغىۋېلىندى.

چېن بۇدۇڭ

## يېزىلاردىكى ھەربىي سەپتىن قايتقان پېشقەدەم ھەربىيلەرگە بېرىلىدىغان قەرەللىك ۋە نورمىلىق ياردەم ئۆستۈرۈلدى

1999 - يىلى يېزىلاردىكى ھەربىي سەپتىن قايتقان پېشقەدەم ھەربىيلەرگە قەرەللىك ۋە نورمىلىق ياردەم بېرىشكە

ئىشلىتىش ئۈچۈن ئاپتونوم رايون مالىيىسىدىن 8 مىليون 450 مىڭ يۈەن ئاجرىتىلدى، بۇ قەرەللىك ۋە نورمىلىق ياردەمدىن بەھرىمەن بولىدىغان 11 مىڭ 256 نەپەر ھەربىي سەپتىن قايتقان پېشقەدەم ھەربىي ۋە ھەربىي سەپتىن بوشاپ، ھەربىيلىكتىن چېكىنىپ، ئاغرىق سەۋەبىدىن يېزىسىغا قايتقان ھەربىينىڭ ھەر بىرىگە ئېيىغا 90 يۈەندىن ياردەم بېرىلدى. شۇ يىلى دۆلەت يەنە مەخسۇس خىراجەت ئاجرىتىپ، بۇ ئادەملەرنىڭ قەرەللىك ۋە نورمىلىق ياردەم ئۆلچىمىنى ئۆستۈردى، 1999 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن 1954 - يىل 10 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىن ئىلگىرى ھەربىي سەپكە كىرگەن يېزىلاردىكى ھەربىي سەپتىن قايتقان پېشقەدەم ھەربىيلەرنىڭ ھەر بىرىگە ئېيىغا 20 يۈەندىن قەرەللىك ۋە نورمىلىق ياردەم پۇلى قوشۇپ بېرىلدى. بۇنىڭ ئۆلچەم پەرقى مۇنداق بولدى: يېزىلاردىكى ھەربىي سەپتىن قايتقان پېشقەدەم ھەربىيلەرنىڭ ھەر بىرىگە ئېيىغا 110 يۈەندىن ياردەم بېرىلدى، ھەربىي سەپتىن بوشاپ ۋە ھەربىيلىكتىن چېكىنىپ، ئاغرىق سەۋەبىدىن يېزىسىغا قايتقان ھەربىيلەرنىڭ ھەر بىرىگە ئېيىغا 90 يۈەندىن ياردەم بېرىلدى.

جاڭ لەيرۇڭ

## تۆھپىكارلارغا كۆيۈنۈش ھەرىكىتى

نەپىقە بېرىش ئوبيېكتلىرىنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش يۈزىسىدىن، 1999 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ جاي - جايلىرىدا تۆھپىكارلارغا كۆيۈنۈش ھەرىكىتى يولغا قويۇلۇش داۋامىدا دۆلەتنىڭ كۈچى بىلەن ئىجتىمائىي كۈچلەر بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئالاقىدار تارماقلار بىلەن ماسلىشىپ ئىش كۆرۈلۈپ، نەپىقە خىراجىتى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە تۆھپىكارلارغا كۆيۈنۈش ھەرىكىتى ئۈچۈن مالىيىدىن 10 مىليون 168 مىڭ يۈەن خىراجەت ئاجرىتىلدى، ئاپتونوم رايون مالىيىسىدىن بىر قېتىمدىلا 1 مىليون 149 مىڭ يۈەن ئاجرىتىلدى، ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىن 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن ئاجرىتىلدى، ناھىيە، شەھەرلەردىن 4 مىليون 310 مىڭ يۈەن ئاجرىتىلدى، جەمئىيەتنى سەپەرۋەر قىلىش ئارقىلىق 1 مىليون 366 مىڭ يۈەن پۇل، 22 مىڭ 838 قۇر كىيىم - كېچەك ۋە يوتقان - كۆرپە، 315 دانە ئائىلە ئېلېكتر سايمىنى ئىئانە قىلىندى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايوندىكى نۇقتىلىق نەپىقە ئوبيېكتلىرىنىڭ تۇرمۇش قىيىنچىلىقى مەسىلىسى ئاساسەن ھەل قىلىندى، شۇنىڭدەك 2118 ئائىلە نۇقتىلىق نەپىقە ئوبيېكتىنىڭ تۇرالغۇ قىيىنچىلىقى ھەل قىلىپ بېرىلدى. شۇ يىلى جايلار نەپىقە ئوبيېكتلىرىنىڭ 1 مىليون 210 مىڭ يۈەنلىك داۋالىنىش خىراجىتىنى كەمەيتتى ۋە كەچۈرۈم قىلدى. بىرمۇنچە ناھىيە، شەھەرلەردە نۇقتىلىق نەپىقە ئوبيېكتلىرىدىن ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش كاپالەت پۇلى ئېلىنمىدى ھەمدە ئالدىن نومۇر بېرىش، ئالدىن كېسەل كۆرۈش، نومۇر ئېلىش پۇلى ئالماسلىق قاتارلىق تەدبىرلەر شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا تۈزۈپ چىقىلدى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايوندىكى 2 - (ب) دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ياردار، مېيىپ ھەربىيلەرنىڭ ھەممىسى ھۆكۈمەت پۇلىغا داۋالىنىشتىن بەھرىمەن بولدى.

مەملىكەت بويىچە تۆھپىكارلارغا كۆيۈنۈش ھەرىكىتىدىن خۇلاسە چىقىرىش ۋە تەقدىرلەش تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى 1999 - يىل 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايوندىن 19 ئىلغار شەھەر (رايون)، 3 ئىلغار ئورۇن ۋە 3 ئىلغار شەخس مەملىكەتلىك ئىككىنى ھمايە قىلىش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ۋە خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن تەقدىرلەندى.

لۇ ۋېيلى

# پاراۋانلىق ئىشلىرى

## ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايوندا قۇرۇلغان ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ساناتورىيىسى 25 كە (شەخسلەر ياكى جەمئىيەت تەرىپىدىن قۇرۇلغان 10 ياشانغانلار ياتاق بىناسى شۇنىڭ ئىچىدە)، ئىشچى - خىزمەتچىسى 2397 گە (بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر، سېستىرا 100)، كارىۋات 1260 قا يەتتى؛ بۇ ساناتورىيىلەردە يىل ئاخىرىدىكى ئادەم سانى 1061 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە نەپىقە بېرىش ئوبيېكتى 13، «ئۈچى يوق» ئوبيېكت 700، ئۆزى پۇل تۆلەيدىغىنى 200، كارىۋاتتىن پايدىلىنىش نىسبىتى %87.4 بولدى، تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 17 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يەتتى. قۇرۇلغان روھىي كېسەللەر پاراۋانلىق ساناتورىيىسى 7، ئىشچى - خىزمەتچىسى 2481 (بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر، سېستىرا 313)، كارىۋات 1170؛ بۇ روھىي كېسەللەر پاراۋانلىق ساناتورىيىلىرىدە يىل ئاخىرىدىكى ئادەم سانى 1041 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە نەپىقە بېرىش ئوبيېكتى 10، «ئۈچى يوق» ئوبيېكت 650، ئۆزى پۇل تۆلەيدىغىنى 345، كارىۋاتتىن پايدىلىنىش نىسبىتى %85.8 بولدى، تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 12 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئاپتونوم رايوندىكى بالىلار ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ساناتورىيىسى 38، يىل ئاخىرىدىكى تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 31 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە، ساناتورىيىدىكى يېتىم، مېيىپ بالا 2284 كە يەتتى.

ۋۇ لىن

ئاپتونوم رايوندىكى بالىلار ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ساناتورىيىلىرىنىڭ
1999 - يىلدىكى ئەھۋالى

| تۈرى / رايون نامى | پاراۋانلىق ساناتورىيە سانى | ئىشچى - خىزمەتچىلەر سانى: دوختۇر، سېستىرالار | ئىشچى - خىزمەتچىلەر سانى: باشقا ئىشچى - خىزمەتچىلەر | كارىۋات سانى | ساناتورىيەدىكى يىل ئاخىرىدىكى ئادەم سانى | يۇنىلىش ئىچىدە: «ئۈچى يوق» ئوبيېكتلار | تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئەسلى قىممىتى (تۈمەن يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 1 | 25 | 40 | 180 | 194 | 174 | 501 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 1 | 6 | 14 | 125 | 48 | 56 | 150 |
| كۇچا ناھىيىسى | 1 | 3 | 14 | 60 | 62 | 60 | 45 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 1 | 1 | 28 | 120 | 118 | 118 | 72 |
| پوسكام ناھىيىسى | 1 | 5 | 4 | 40 | 62 | 30 | 50 |
| قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى | 1 | 2 | 10 | 70 | 80 | 69 | 125 |
| مارالبېشى ناھىيىسى | 1 | 2 | 5 | 50 | 44 | 44 | 41 |
| قاغىلىق ناھىيىسى | 1 | 3 | 6 | 50 | 65 | 65 | 36 |
| قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى | 1 | 11 | 11 | 70 | 41 | 41 | 34 |
| مەكىت ناھىيىسى | 1 | 1 | 8 | 50 | 47 | 47 | 35 |
| پەيزاۋات ناھىيىسى | 1 | 2 | 3 | 40 | 32 | 32 | 100 |
| يوپۇرغا ناھىيىسى | 1 | 4 | 4 | 30 | 62 | 62 | 80 |
| يېڭىسار ناھىيىسى | 1 | 1 | 6 | 60 | 48 | 48 | 30 |
| يەكەن ناھىيىسى | 1 | 3 | 4 | 40 | 50 | 50 | 25 |
| تاشقورغان ناھىيىسى | 1 | 1 | 10 | 50 | 50 | 50 | 20 |
| خوتەن شەھىرى | 1 | 4 | 5 | 80 | 89 | 89 | 210 |
| خوتەن ناھىيىسى | 1 | 8 | 11 | 140 | 135 | 135 | 60 |
| گۇما ناھىيىسى | 1 | 1 | 9 | 100 | 115 | 115 | 110 |
| قاراقاش ناھىيىسى | 1 | 8 | 14 | 180 | 161 | 161 | 70 |
| لوپ ناھىيىسى | 1 | 1 | 6 | 100 | 96 | 96 | 80 |
| چىرا ناھىيىسى | 1 | 2 | 9 | 100 | 115 | 115 | 70 |
| كېرىيە ناھىيىسى | 1 | 6 | 8 | 100 | 79 | 79 | 60 |
| نىيە ناھىيىسى | 1 | 1 | 4 | 50 | 38 | 38 | 35 |
| ئاتۇش شەھىرى | 1 | 4 | 16 | 100 | 80 | 80 | 40 |
| ئاقتو ناھىيىسى | 1 | 1 | 9 | 60 | 50 | 50 | 35 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئۈلۈغچات ناھىيىسى | 1 | 2 | 8 | 50 | 45 | 45 | 31 |
| ئاقچى ناھىيىسى | 1 | 1 | 6 | 30 | 26 | 26 | 28 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 1 | 2 | 25 | 40 | 36 | 36 | 46 |
| پىچان ناھىيىسى | 1 | 1 | 7 | 50 | 40 | 40 | 85 |
| توقسۇن ناھىيىسى | 1 | 1 | 3 | 30 | 26 | 26 | 44 |
| بورتالا شەھىرى | 1 | 1 | 5 | 40 | 17 | 17 | 51 |
| سانجى شەھىرى | 1 | 1 | 4 | 40 | 24 | 24 | 50 |
| ئىلى ۋىلايىتى | 1 | 2 | 9 | 40 | 40 | 40 | 50 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 1 | 2 | 2 | 30 | 9 | 9 | 108 |
| شىخەنزە شەھىرى | 1 | 1 | 6 | 30 | 34 | 34 | 42 |
| قاراماي شەھىرى | 1 | 2 | 9 | 20 | 5 | 5 | 400 |
| ئالتاي شەھىرى | 1 | 1 | 4 | 20 | 2 | 2 | 65 |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | 1 | 1 | 4 | 60 | 19 | 19 | 39 |
| جەمئىي | 38 | 124 | 350 | 2525 | 2284 | 2227 | 3153 |

ۋۇ لىن

## ئىجتىمائىي پاراۋانلىق كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ئىجتىمائىي پاراۋانلىق كارخانىسى 300، بۇنىڭ ئىچىدە خەلق ئىشلىرى تارماقلىرىغا بىۋاسىتە قاراشلىق پاراۋانلىق كارخانىسى 172 (ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى 69، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى 103)، جەمئىيەت باشقۇرغان پاراۋانلىق كارخانىسى 128. بۇ كارخانىلارنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 8495، بۇنىڭ ئىچىدە مېيىپ ئىشچى ـ خىزمەتچى 3830. يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 441 مىليون 180 مىڭ 900 يۈەن، سېتىشتىن قىلغان كىرىمى 400 مىليون 242 مىڭ 200 يۈەن، پايدا ۋە بېجى 59 مىليون 851 مىڭ 600 يۈەن. پايدا ئالغان كارخانا 147، ئالغان پايدىسى 32 مىليون 133 مىڭ يۈەن، زىيان تارتقان كارخانا 133، تارتقان زىيىنى 19 مىليون 740 مىڭ 700 يۈەن.

ئاپتونوم رايوندىكى پاراۋانلىق كارخانىلىرىنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە بېرىلگەن قەرز پۇل 12 مىليون يۈەن بولۇپ، مەبلەغنىڭ 56.67% ى نەقلەشتى. شۇ يىلى يېڭىدىن 7 پاراۋانلىق كارخانىسى قۇرۇلدى.

ئاپتونوم رايوندا 4 پاراۋانلىق كارخانىسىنىڭ تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلدى، بۇلار: سانجى ئوبلاستلىق «بېشبالىق» ئاياغ كىيىم چەكلىك پاي مەسئۇلىيەت شىركىتى، قۇتۇبى ناھىيىلىك «بەخت» ئۆي جاھازلىرى چەكلىك پاي مەسئۇلىيەت شىركىتى، كۈيتۇڭ شەھەرلىك تۆۋەن بېسىملىق ۋىكلىيۇچاتېل چەكلىك پاي مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىخو شەھەرلىك قاپقاق ئىشلەش چەكلىك پاي مەسئۇلىيەت شىركىتى. بۇلاردىن باشقا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پاراۋانلىق مۇھىت ئاسراش ئۈسكۈنىلىرى زاۋۇتى، تىيانشان رايونلۇق «تيەنجياڭ» تېرە ـ يۇڭ زاۋۇتى تۈزۈلمىنى ئۆزگەرتىشنى نۇقتىدا سىناق قىلماقتا.

سۇن مىنجياڭ

## شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى تۈزۈمى

ئاپتونوم رايون بويىچە 1999 ـ يىل 3 ـ ئايدا خەلق ئىشلىرى خىزمىتى يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئاپتونوم رايوندىكى شەھەرلىك ۋە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى تۇرۇشلۇق بازارلاردا مۇشۇ يىل ئىچىدە شەھەر ـ بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك ئورنىتىش خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 4 ـ ئايدا ئاپتونوم رايوندىكى ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا شەھەر ـ بازار ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى ئىشلەندى، خىزمەتتىكىلەر، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغانلار، ئىشسىزلار ئارىسىدىكى نامرات ئاھالىلەرگە كاپالەتلىك قىلىش مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ،

ئائىلىلەرنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىمى شۇ جايدىكى تۇرمۇش كاپالىتى ئۆلچىمىدىن تۆۋەن بولغان ئاھالىلەرنىڭ ھەممىسى كاپالەت دائىرىسىگە ئىچىگە كىرگۈزۈلدى. 9 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 19 شەھەر، 68 ناھىيىنىڭ ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق شتاتلىق بازاردا شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك ئورنىتىلدى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدا 18 مىڭ 156 ئائىلىدىكى 72 مىڭ 625 ئادەم ھۆكۈمەت بەرگەن ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتىگە ئېرىشتى، بۇلار ئاپتونوم رايوندىكى غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسىنىڭ 1.51% تىنى ئىگىلىدى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى مەبلىغى ئۈچۈن 41 مىليون 930 مىڭ يۈەن ئاجراتتى، ئوتتۇرىچە كاپالەت ئۆلچىمى كىشى بېشىغا ئېيىغا 132.6 يۈەندىن توغرا كەلدى، كىشى بېشىغا ئېيىغا توغرا كېلىدىغان ياردەم پەرقى 97.6 يۈەن بولدى.

ۋېي دۇڭ

## ياشانغانلار ساناتورىيىسى ۋە يېزىلاردىكى بەشتە كاپالەتلەندۈرۈش خىزمىتى

ئاپتونوم رايون بويىچە 1999 - يىلدىكى ياشانغانلار ساناتورىيىسى 443، بۇنىڭ ئىچىدە ئون ياخشى ياشانغانلار ساناتورىيىسى 121، شۇ يىلى ئۆلچەمگە يەتكىنى 25. كارىۋات سانى 6139، ئىشچى - خىزمەتچىسى 915. ياشانغانلار ساناتورىيىلىرىدە بېقىلىۋاتقانلار 4330، بۇنىڭ ئىچىدە بەشتە كاپالەتلەندۈرۈش ئوبيېكتى 4119، ئەپقە بېرىش ئوبيېكتى 89، باشقىلار 122.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بەشتە كاپالەتلەندۈرۈش ئوبيېكتى 25 مىڭ 336. تارقاق بېقىلىۋاتقىنى 21 مىڭ 961، بۇنىڭ ئىچىدە ئىگە - چاقىسىز بوۋاي - موماي 13 مىڭ 889، ئىگە - چاقىسىز مېيىپ 4516، يېتىم بالا 3556. كوللېكتىپ بېقىلىۋاتقىنى 4382، بۇنىڭ ئىچىدە ئىگە - چاقىسىز بوۋاي - موماي 3149، ئىگە - چاقىسىز مېيىپ 865، يېتىم بالا 368.

گۈلگىنە

## يىغىۋېلىپ ئۆز جايىغا قايتۇرۇش خىزمىتى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەردىكى يىغىۋېلىپ ئۆز جايىغا قايتۇرۇش پونكىتلىرى خالىغانچە ئېقىپ يۈرگەنلەردىن 43 مىڭ 336 ئادەم (قېتىم) نى يىغىۋالدى، بۇ، 1998 - يىلدىكىدىن 32 مىڭ 850 ئادەم (قېتىم) كۆپ. بۇنىڭ ئىچىدە خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ يىغىۋېلىپ ئۆز جايىغا قايتۇرۇش پونكىتى يىغىۋېلىپ ئۆز جايىغا قايتۇرغىنى 20 مىڭ 150 ئادەم (قېتىم). يىغىۋېلىنىپ ئۆز جايىغا قايتۇرۇلغان ئادەملەر ئىچىدە ئوۋانچۇدىن شىنجاڭغا قايتۇرۇلغان زەھەرلىك چېكىملىك چەككۈچى 65، كېسەلى ئېغىر ۋە خەتەرلىك بولغانلار 49، روھىي كېسەل ۋە ئېغىر دەرىجىدە ئۇششۇگەن، ياردار بولغانلار 268.

تۇرسۇن لېتىپ

## سەرگەردان ئۆسمۈرلەر، بالىلار خىزمىتى

خەلق ئىشلىرى نازارىتى 1999 - يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ش ئۇ ئا ر يىغىۋېلىپ ئۆز جايىغا قايتۇرۇش پونكىتىدا سەرگەردان ئۆسمۈرلەر، بالىلارنى قۇتۇلدۇرۇش - ئاسراش مەركىزى قۇردى، بۇ مەركەزگە 6 شتات سەپلەپ بېرىلدى. شۇ يىلى سەرگەردان ئۆسمۈرلەر، بالىلارنى قۇتۇلدۇرۇش - ئاسراش بىناسى سېلىندى، ئۇنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 500 كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 896 كۋادرات مېتىر. شۇ يىلى بۇ مەركەز 1081 سەرگەردان ئۆسمۈر، بالىنى يىغىۋېلىپ ئۆز جايىغا قايتۇردى. ئەنگىلىيە بالىلارنى قۇتۇلدۇرۇش جەمئىيىتىنىڭ ياردىمى بىلەن بۇ مەركەز 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى شەھىرىدە تۇنجى قارارلىق سەرگەردان ئۆسمۈرلەر، بالىلار ئائىلە باشلىقلىرى كۇرسى ئاچتى، قەشقەر، ئىلى، ئاقسۇ، ئۈرۈمچى قاتارلىق ۋىلايەت، شەھەرلەردىكى 20 ئائىلە باشلىقى كۇرسقا قاتناشتى.

تۇرسۇن لېتىپ

## بېقىۋېلىشنى تىزىملاش خىزمىتى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە بېقىۋېلىشنى تىزىملاش رەسمىيىتىدىن 649 ى بېجىرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە مەملىكەت ئىچىدىكىسى 629، شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىغا چېتىشلىق بولغىنى 2، چەتكە چېتىشلىق بولغىنى 18. بېقىۋېلىش كۆپرەك تىزىملانغان جاي ئۈرۈمچى شەھىرى بولۇپ، 294 ى تىزىملاندى. بېقىۋېلىنغان 649 بالا ئىچىدە تاشلىۋېتىلگەن بوۋاق 641 (بۇنىڭ ئىچىدە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئاپپاراتلىرى بېقىۋالغان تاشلىۋېتىلگەن بوۋاق 53، جەمئىيەتتىكى تاشلىۋېتىلگەن بوۋاق 588)، يېتىم بالا 6، ئاتا - ئانىسىنىڭ بېقىش ئىقتىدارى يوق بالا 2؛ نورمال بالا 626، مېيىپ بالا 23؛ قىز 535، ئوغۇل 114؛ ئاز سانلىق مىللەتلەر 157، خەنزۇلار 492. جەمئىي بېقىۋالغۇچى 1220، بۇنىڭ ئىچىدە ئاتا - ئانا بار ئائىلە 571، ئاتا ياكى ئانىلا بار ئائىلە 78.

خەلق ئىشلىرى نازارىتى «‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى يېقىۋېلىش قانۇنى›، غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارار» نى ئىزچىل ئىجرا قىلىش يۈزىسىدىن 1999 - يىل 8 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 21 - كۈنىگىچە يېقىۋېلىشنى تەرىپلاش كادىرلىرىنىڭ 2 قارار (ئۆيغۇرلار بىر قارار، خەنزۇلار بىر قارار) كۇرسىنى ئاچتى، كۇرسقا ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە (شەھەر) لەردىن 180 ئادەم قاتناشتى.

پەن جې

## خەلقئارا يېقىۋالغۇچى ئائىلىلەرنىڭ ياردىمى

1999 - يىلى جاككۇيلىن ماركارېت شۇئېل ۋە ئۇنىڭ ئېرى قاتارلىق كىشىلەر ئەنگلىيىدىكى پرېستوندا «ئۇيۇل تاش» فوند جەمئىيىتىنى قۇرغانلىقىنى رويخەتكە ئالدۇردى، ئۇنىڭ ئاساسىي مەقسىتى بالىلارغا كۆڭۈل بۆلۈش، ياردەم بېرىش، بەخت ئاتا قىلىشتىن ئىبارەت. فوند جەمئىيىتىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈش، ياردەم بېرىش، بەخت ئاتا قىلىش ئوبيېكتى، ئاساسەن، شىنجاڭدىكى تاشلىۋېتىلگەن ھەر مىللەت بوۋاقلار، يېتىم بالىلار بولدى. فوند جەمئىيىتىنىڭ كېڭەش ئەزاسى جاككۇيلىن 1999 - يىل 9 - ئايدا ئالايىتەن شىنجاڭغا كېلىپ، ئۆزلىرى تۇرمۇش خىراجىتى بېرىپ كېلىۋاتقان سانجى، كۈيتۇڭ، قاراماي، ئۈرۈمچى شەھەرلىرىدىكى بالىلار پاراۋانلىق ساناتورىيىلىرىدىكى بالىلارنى يوقلىدى، بالىلارغا 10 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى قىممىتىدىكى كۈندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرى ئېلىپ بەردى ھەم كۈيتۇڭ، سانجى شەھەرلىرىدىكى 11 بالىنىڭ تۇرمۇش خىراجىتى ئۈچۈن 15 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى بەردى، كۈيتۇڭ شەھىرىنىڭ تاشلىۋېتىلگەن بالىلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلىشىغا ياردەم بېرىش مەقسىتىدە 13 مىڭ 426 يۈەن خەلق پۇلى ياردەم قىلىپ، بالىلار تۇرۇۋاتقان ئۆيگە يەرلىك پار تۇرۇبىسى ئورناتقۇزۇپ بەردى، تازىلىق ئۆيى ياساتقۇزۇپ بەردى.

پەن جې

ئاپتونوم رايوندىكى پاراۋانلىق كارخانىلىرىنىڭ 1999 - يىللىق ئاساسىي ئەھۋالى

| رايون نامى | كارخانا سانى | ئومۇمىي ئىشچى - خىزمەتچى سانى | مېيىپ ئىشچى - خىزمەتچى سانى | يىللىق مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | يىللىق سېتىش كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | يىللىق پايدا ۋە باج (تۈمەن يۈەن) | زىيان تارتقان كارخانا سانى | زىيان سوممىسى (تۈمەن يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 78 | 2400 | 1124 | 15287.6 | 15124.8 | 2169.81 | 33 | 365.25 |
| سانجى ئوبلاستى | 51 | 1314 | 535 | 10616.03 | 9048.26 | 527.38 | 14 | 187.08 |
| شىخەنزە شەھىرى | 11 | 262 | 134 | 803.14 | 798.65 | 75.39 | 8 | 213.93 |
| ئىلى ئوبلاستى | 4 | 181 | 73 | 365.8 | 320.5 | 1628 | | |
| ئىلى ۋىلايىتى | 10 | 153 | 51 | 245 | 369 | 27 | 7 | 13.4 |
| قاراماي شەھىرى | 13 | 923 | 464 | 8762.8 | 8229.5 | 689.37 | 6 | 182.07 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 8 | 216 | 102 | 197.8 | 182.7 | 21.63 | 4 | 38.8 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | 22 | 269 | 110 | 243.4 | 115.53 | 37.3 | 5 | 19.5 |
| بورتالا ئوبلاستى | 2 | 31 | 15 | 131 | 128 | 7.9 | | |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 8 | 146 | 61 | 208 | 178.7 | 41.1 | 6 | 34.2 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 11 | 230 | 110 | 480 | 495 | 73.6 | 4 | 29.1 |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | 18 | 427 | 223 | 2173 | 1711 | 337 | 10 | 56 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 18 | 383 | 172 | 1299 | | 54.6 | 11 | 48.7 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 13 | 365 | 167 | 350.39 | 279.42 | 38.29 | 3 | 6.82 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| خوتەن ۋىلايىتى | 7 | 274 | 120 | 57.86 | 47.41 | 8.28 | 1 | 0.5 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | 4 | 47 | 26 | 17.3 | 1.2 | 0.59 | 3 | 1.2 |
| خەلق ئىشلىرى نازارىتىگە بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانىلار | 9 | 655 | 246 | 1434.02 | 1371.42 | 111.05 | 8 | 655.68 |
| ش ئۇ ئا ر مېيىپلار بىرلەشمىسى | 13 | 219 | 97 | 1445.95 | 1623.13 | 136.87 | 10 | 121.84 |
| جەمئىي | 300 | 8495 | 3830 | 44118.09 | 40024.22 | 5985.16 | 133 | 1974.07 |

سۇن مىنجياڭ

# مېيىپلار ئىشلىرى

## مېيىپلار بىرلەشمىسىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى 15 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك ۋە شىخەنزە شەھەرلىك مېيىپلار بىرلەشمىسى ئاپپاراتىنىڭ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلدى، پىلانى ئايرىم تۈزۈلدى، بۇ ئاپپاراتلار ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى ۋە مەخسۇس كېڭەش باشلىقى سەپلەپ بېرىلدى، يېڭىدىن سەپلەنگەن ۋە تەڭشەلگەن رەھبىرىي كادىرلار تولۇق ئىشقا چۈشتى. 95 ناھىيىلىك (شەھەرلىك، رايونلۇق) مېيىپلار بىرلەشمىسى ئىچىدە، ئاقسۇ شەھىرى، ئۈچتۇرپان ناھىيىسىدىن باشقا، 93 ناھىيە دەرىجىلىك مېيىپلار بىرلەشمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۆلچەمگە يەتتى. ئاپتونوم رايوندىكى 972 يېزا (بازار، مەھەللە ئىش باشقارمىسى) دا مېيىپلار بىرلەشمىسى قۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى 821 يېزا (بازار، مەھەللە ئىش باشقارمىسى) لىق مېيىپلار بىرلەشمىسىگە مەخسۇس كادىر سەپلەپ بېرىلدى. بىر قىسىم دېھقانچىلىق مەيدانلىرى، چارۋىچىلىق فېرمىلىرى ۋە چوڭ كارخانىلاردىمۇ مېيىپلار بىرلەشمىسى قۇرۇلدى، 276 كەنت ئاھالە كومىتېتى ۋە شەھەر ئاھالە كومىتېتىدا مېيىپلار جەمئىيىتى ياكى گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، مېيىپلارغا ياردەم بەرگۈچى پىدائىيلار ئالاقە باغلاش پونكىتىدىن 641 ى قۇرۇلۇپ، مېيىپلار يېقىن جايدا، ئۆز جايىدا ئەپلىك ۋە خىلمۇخىل مۇلازىمەت بىلەن تەمىن ئېتىلدى. ھەر دەرىجىلىك مېيىپلار بىرلەشمىلىرى كادىرلارنى تەربىيىلەش كۇرسىدىن 138 قارار ئېچىپ، مېيىپلار بىرلەشمىسى كادىرلىرىدىن 2489 ئادەم (قېتىم) نى تەربىيىلىدى. ئاپتونوم رايوندىكى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مېيىپلار بىرلەشمىلىرىدە يىل ئاخىرىدىكى كادىر سانى 552، بۇلارغا قاراشلىق كەسپىي گورۇن 117، خىزمەتچى خادىمى 331 بولۇپ، بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان مېيىپلار خىزمىتى تەشكىلىي سىستېمىسى ئاساسەن شەكىللەندى.

چېڭ جوزى

## مېيىپلار مائارىپى

ش ئۇ ئا ر مائارىپ كومىتېتى بىلەن ش ئۇ ئا ر مېيىپلار بىرلەشمىسى بىرلىكتە تەشكىللىگەن تەكشۈرۈش گورۇپپىسى 1999 - يىلى 8 ۋىلايەت، ئوبلاست، 36 ناھىيە، شەھەر، 54 ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ (ئالاھىدە مائارىپ مەكتەپلىرى شۇنىڭ ئىچىدە) كە بېرىپ، مېيىپلار مائارىپى خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى؛ ئاپتونوم رايون بويىچە مېيىپ بالىلارنىڭ مەجبۇرىي مائارىپنى قوبۇل قىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، ئاپتونوم رايوندىكى مېيىپ بالىلارنىڭ مەجبۇرىي مائارىپنى قوبۇل قىلىش ئەھۋالىنى ئاساسەن ئىگىلىدى. مۇشۇ ئاساستا «ئاپتونوم رايوندا ‹مېيىپلار مائارىپى نىزامى› نى يولغا قويۇش چارىسى» (لايىھە) تۈزۈپ چىقىلدى. مېيىپلار ئالىي مائارىپىغا ئەھمىيەت بېرىلدى. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە قوبۇل قىلىش سىزىقى ئىچىدىكى 84 مېيىپ ئوقۇغۇچىدىن 82 سى ئاپتونوم رايون ئىچى - سىرتىدىكى ئالىي مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىندى. شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تېبابىتى ئىنستىتۇتىنىڭ ئەمالار ئۇۋۇلاش - يىڭنە سانجىپ داۋالاش ئالىي تېخنىكوم سىنىپىغا 30 ئەما ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ چوڭلار مائارىپى ئىنستىتۇتى گاسلار ئالىي تېخنىكوم سىنىپىنى سىناق تەرىقىسىدە ئېچىپ، تۇنجى قاراردا 17 گاس ئوقۇغۇچىنى قوبۇل قىلدى. شىنجاڭ مېيىپلار كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكومىنىڭ 1996 - يىللىق 96 ئوقۇغۇچىسى ئوقۇشنى تاماملاپ جەمئىيەتكە قەدەم قويدى، شۇ يىلى ئوتتۇرا تېخنىكوم سىنىپىغا 138 مېيىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى سانى 393 كە يەتتى.

چېڭ جوزى

## مېيىپلارنىڭ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتى

ش ئۇ ئا ر مېيىپلار بىرلەشمىسى 1999 - يىلى ئومۇمىي جەھەتتىن ئىلگىرىلىتىش، نۇقتىلىق بۆسۈش، يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىش، مۇپەتكە كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتى تەسەۋۋۇرى بويىچە ۋەزىپىنى جايلارغا بۆلۈپ چۈشۈردى، سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىدە نىشانلىق باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، نۇقتىلىق سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تۈرلىرىگە بولغان تەشكىلىي جەھەتتىكى رەھبەرلىك ۋە كەسپىي تېخنىكا جەھەتتىكى يېتەكچىلىكنى كۈچەيتتى، نامرات رايونلار ۋە قىيىنچىلىقى ئېغىر مېيىپلارغا سىياسەت، خىراجەت جەھەتتىن ئېتىبار بەردى، مېيىپلارنىڭ سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتى بويىچە 2 قارار كۇرس ئېچىپ، سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش جەھەتتىكى باشقۇرۇش، تېخنىكا خادىمىدىن 300 نى تەربىيىلىدى؛ كۆزگە چۈشكەن ئاقنى ئوپېراتسىيە قىلىپ كۆزنى روشەنلەشتۈرىدىغان تېببىي داۋالاش ئەترىتىنى 5 ۋىلايەت، ئوبلاستتىكى 35 ناھىيە، شەھەردە كۆزگە چۈشكەن ئاقنى ئوپېراتسىيە قىلىپ كۆزنى روشەنلەشتۈرۈشكە 3 قارار ئەۋەتتى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 146 كىشىنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، 8038 كىشىنىڭ كۆزىگە چۈشكەن ئاقنى ئوپېراتسىيە قىلىپ كۆزىنى روشەنلەشتۈرۈش ئىشى تاماملاندى، پۇت - قولى كېسىلگەن 419 كىشىگە سۈنئىي پۇت - قول سالدۇرۇلدى، پۇت - قولى مېيىپ 646 كىشىگە پۇت - قولىنى تۈزەش سايمىنى ئورنىتىپ قويۇلدى، پۇت - قولى مېيىپ 1147 كىشىگە ئوپېراتسىيىدىن كېيىن ئىقتىدارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەشىقى قىلدۇرۇلدى، ئەقلىي قابىلىيىتى ئاجىز 362 بالىغا ئەقلىي قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش مەشىقى قىلدۇرۇلدى، 150 گاس - گاچا بالىغا ئاڭلاش ئىقتىدارى ۋە تىلىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەشىقى قىلدۇرۇلدى، مېيىپلار 16 مىڭ 76 ياردەمچى بۇيۇم ۋە سايمان بىلەن تەمىن ئېتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېغىر مېيىپلارغا 528 چاقلىق ئورۇندۇق ھەقسىز تەقدىم قىلىندى.

چېڭ جۈزى

## مېيىپلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى، مېيىپلار بىرلەشمىلىرى ۋە ئالاقىدار تارماقلار مېيىپلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. بىرىنچىدىن، مېيىپلارنى نىسبەت بويىچە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشى قانۇن بويىچە ئومۇميۈزلۈك كېڭەيتىلدى، مېيىپلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش نىسبىتىگە ھازىرچە يېتەلمىگەن ئورۇنلاردىن قانۇن بويىچە مېيىپلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش كاپالەت پۇلى ئېلىندى. 15 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە شىخەنزە شەھىرى ھەم 81 ناھىيە (شەھەر، رايون) ئورۇنلاشتۇرۇش، تەربىيىلەش، پۇل ئېلىش ئىزىغا سېلىندى. ئىككىنچىدىن، تەدبىر قوللىنىلىپ، پاراۋانلىق كارخانىلىرى مۇستەھكەملىنىپ، مېيىپلار مۇقىم ھالەتتە مەركەزلەشتۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۈچىنچىدىن، مېيىپلارنىڭ يەككە ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشى ۋە ئىختىيارىي تەشكىللىنىپ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ئىلھام بېرىلدى ۋە يار - يۆلەك بولۇندى. تۆتىنچىدىن، مېيىپلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى ئۈچۈن پاتال تۈردە ئۈچۈر - مەسلىھەت بېرىش، كەسىپلەرنى تونۇشتۇرۇش، ماھارەت يېتىشتۈرۈش، ئىش ئورنىغا تونۇشتۇرۇش، نازارەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈش قاتارلىق مۇلازىمەت خىزمەتلىرى ئىشلەندى. بىر يىلدىن بېرى، ئاپتونوم رايون بويىچە 14 مىڭ 816 مېيىپ تەربىيىلەندى، 5330 مېيىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون 1999 - يىلى مەملىكەت بويىچە مېيىپلارنى نىسبەت بويىچە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئۆلكە - رايون بولۇپ باھالاندى. سانجى ئوبلاستى، ئۈرۈمچى شەھىرى، شىخەنزە شەھىرى، كورلا شەھىرى، غۇلجا شەھىرى، بورتالا شەھىرى، ساۋەن ناھىيىسى، پىچان ناھىيىسى ۋە قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى مېيىپلارنى نىسبەت بويىچە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىدىكى مەملىكەتلىك ئىلغار ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە بولۇپ باھالىنىپ، جۇڭگو مېيىپلار بىرلەشمىسىنىڭ ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئارقىلىق تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

چېڭ جۈزى

## نامرات مېيىپلارنى يۆلەش خىزمىتى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندا نامرات مېيىپلارنى يۆلەش جېڭى ئېلىپ بېرىش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يولىدىكى نامراتلارنى يۆلەشكە 20 مىليون 110 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلىپ، 72 ناھىيە (شەھەر) دە نامرات مېيىپلارنىڭ دېھقانچىلىق، باقمىچىلىق ۋە پىششىقلاش بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يار - يۆلەك بولۇندى. بۇنىڭ 12 مىليون يۈەنى ئاز ئۆسۈملۈك قەرز پۇل بولۇپ، 5500 ئائىلە نامرات مېيىپ بىۋاسىتە يۆلەندى. ش ئۇ ئا ر مېيىپلار بىرلەشمىسى نامرات مېيىپلارنى يۆلەش، ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، تەشكىلىي جەھەتتىن ماسلاشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇردى؛ ئاپتونوم رايوندىكى نامرات

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ زىيىنىغا ئۇچراش ئەھۋالى

| جايلار | ئاپەتكە ئۇچرىغان كۆلەم (گېكتار) | ئاپەت بولغان كۆلەم (گېكتار) | هوسۇل چىقمىغان كۆلەم (گېكتار) | كېمەيگەن ئاشلىق (توننا) | ئۆلگەن چارۋا (تۇياق) | ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ئۆي (ئېغىز) | بۇزۇلغان ئۆي (ئېغىز) | ئاپەتكە ئۇچرىغان نوپۇس (ئادەم) | ئاپەت كۆرۈلگەن نوپۇس (ئادەم) | ئاپەت تۈپەيلىدىن ئۆلگەن ئادەم | ئاپەت تۈپەيلىدىن زەخىملەنگەن ۋە ئاغرىغان ئادەم | يېزا ئىگىلىكىگە يەتكەن بىۋاستە ئىقتىسادىي زىيان (تۈمەن يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي | 1290799 | 841890 | 294733 | 260637 | 305410 | 84687 | 154392 | 5051365 | 3336034 | 156 | 17537 | 233810 |
| ئىلى ۋىلايىتى | 540658 | 285948 | 14283 | | 22645 | 7229 | 13479 | 423286 | | 5 | 278 | 23678 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 168499 | 132328 | 42780 | 53959 | 20755 | 27042 | 9975 | 164596 | 100932 | 5 | 7744 | 37716 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | 37160 | 26642 | 9068 | 32054 | 5962 | 490 | 5797 | 161124 | 144561 | 3 | 180 | 11884 |
| بورتالا ئوبلاستى | 11386 | 9865 | 5438 | | | 100 | 178 | 54663 | 49495 | | | 3984 |
| سانجى ئوبلاستى | 60321 | 57853 | 22525 | 21520 | 9580 | 4329 | 5294 | 96462 | 78916 | | | 3118 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 6915 | 5838 | 2139 | 9281 | 9043 | 324 | 968 | 47354 | 37353 | 1 | 240 | 4185 |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | 64008 | 62905 | 43961 | 200 | 38040 | 3262 | 10471 | 288231 | 245453 | 8 | 403 | 28028 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 144562 | 107034 | 72603 | 25104 | 16795 | 4584 | 45881 | 530489 | 462647 | 16 | 164 | 52213 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | 25256 | 18066 | 3491 | 64425 | 95602 | 6583 | 5261 | 101262 | 83025 | 42 | 2551 | 10282 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 187762 | 101300 | 57251 | 5370 | 71709 | 28459 | 56673 | 1895395 | 1155366 | 64 | 5758 | 40777 |
| خوتەن ۋىلايىتى | 44272 | 34111 | 21194 | 48724 | 15279 | 2285 | 415 | 1288503 | 978586 | 12 | 219 | 17944 |

جەي سۇڭلىن

مېيىپلارنى يۆلەش خىزمىتىنى نىشانلىق باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ سىناپ كۆرۈش، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش چارىسىنى تۈزۈپ چىقتى؛ ئائىلىلەرگىچە ئارخىپ - كارتوچكا تۇرغۇزۇش، ئائىلىلەرگىچە تاختا ئېسىپ مۇلازىمەت قىلىش، ياردەم بېرىش - يۆلەشنى ئائىلىلەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى ئائىلىلەرگىچە يولغا قويۇش، پەن - تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەشنى ئائىلىلەرگىچە كېڭەيتىش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان نامراتلارنى يۆلەشنى ئائىلىلەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. ساۋەن، چاغانتوقاي، باغراش، ئاۋات، مەكىت قاتارلىق مېيىپلارغا ئاز سومملىق قەرز پۇل بېرىپ نامراتلارنى يۆلەشنى ئائىلىلەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئالدى بىلەن قانات يايدۇرغان ناھىيىلەردە يىل ئاخىرىدا قەرز پۇلنى يىغىۋېلىش نىسبىتى %97 تىن ئاشتى. نامراتلارنى يۆلەش ئۈنۈمى ئىنتايىن روشەن بولۇپ، مېيىپلارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئالقىشىغا ۋە يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشتى. ئىجتىمائىي كۈچلەر كەڭ كۆلەمدە سەپەرۋەر قىلىنىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە نامرات مېيىپلارغا ياردەم بېرىش، ھۆددىگە ئېلىش، يېتەكلەش، يۆلەش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. كۆپ ساندىكى شەھەر - بازارلار نامرات مېيىپلارغا قارىتا ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتىنى يولغا قويدى. شۇ يىلى جەمئىي 28 مىڭ 618 نامرات مېيىپنىڭ كىيىنىش، تويۇنۇش مەسىلىسى ئاساسەن ھەل قىلىندى.

چېڭ جۈزى

# ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتى

## ئاپتونوم رايوندا كۆرۈلگەن تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون تەۋەسىدە قار ئاپىتى، تۆۋەن تېمپېراتۇرا، جۇدۇن، يەر تەۋرەش، قۇرغاقچىلىق، كەلكۈن، چارۋىلاردىكى 5 - نومۇرلۇق كېسەللىك ھەم كەڭ كۆلەملىك چېكەتكە ۋە چاشقان ئاپىتى قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەر كۆرۈلدى، بولۇپمۇ 4 -، 5 - ئايلاردىكى شىنجاڭ مىقياسىدا كۆرۈلگەن تۆۋەن تېمپېراتۇرا، جۇدۇن، بوران ئاپەتلىرى ۋە 7 -، 8 - ئايلاردىكى پەۋقۇلئاددە زور كەلكۈن ئاپىتى ئاپتونوم رايوننىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقىغا زور زىيان يەتكۈزدى. خەلق ئىشلىرى، سۇچىلىق، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق قاتارلىق تارماقلارنىڭ ئاپەت زىيىنى توغرىسىدىكى ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، 1999 - يىلى ھەرخىل تەبىئىي ئاپەتلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىقتىسادىي زىيان 6 مىليارد 444 مىليون يۈەنگە يېتىپ (بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىكىگە يەتكەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 2 مىليارد 338 مىليون يۈەن)، ئاپتونوم رايوننىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ %5 ىدىن ئېشىپ كەتكەن، بۇ يىلى ئېغىر ئاپەت كۆرۈلگەن يىل ھېسابلانغان. ئاپتونوم رايون بويىچە ئاپەتكە ئۇچرىغان يەر كۆلىمى 1 مىليون 290 مىڭ 700 گېكتارغا، ئاپەت بولغان يەر كۆلىمى 841 مىڭ 800 گېكتارغا، ھوسۇلى چىقمىغان يەر كۆلىمى 294 مىڭ 700 گېكتارغا، ئاپەت سەۋەبىدىن زىيان بولغان ئاشلىق 14 مىڭ 800 توننىغا، كېمەيگەن ئاشلىق 260 مىڭ 600 توننىغا يەتكەن؛ ئاپەتكە ئۇچرىغان نوپۇس 5 مىليون 51 مىڭ 300 گە، ئاپەت كۆرۈلگەن نوپۇس 3 مىليون 336 مىڭغا يەتكەن. ئاپەت تۈپەيلىدىن 156 ئادەم ئۆلگەن، 17 مىڭ 500 ئادەم زەخىملەنگەن ۋە ئاغرىغان؛ 84 مىڭ 700 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشكەن، 154 مىڭ 400 ئېغىز ئۆي ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغان؛ 305 مىڭ 400 تۇياق چوڭ - كىچىك چارۋا ئۆلگەن.

جەي سۇڭلىن

## پەۋقۇلئاددە ئېغىر تەبىئىي ئاپەتلەر

1. قار ئاپىتى

1999 - يىل 1 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭدىكى كۆپ قىسىم جايلاردا ۋە شەرقىي شىنجاڭدىكى قىسمەن جايلاردا ئۇدا 2 قېتىم قېلىن قار يېغىشتەك ھاۋارايى جەريانى كۆرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە شىمالىي شىنجاڭنىڭ غەربىي، شىمالىي قىسىملىرىدا، شىمالىي شىنجاڭنىڭ تەڭرىتاغ ئەتراپىدىكى قىسمەن جايلىرىدا ياغقان قار قېلىنلىقى ھەددىدىن زىيادە قېلىن دەرىجىگە يەتتى. شىمالىي شىنجاڭدىكى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي، سانجىلاردا ۋە شەرقىي شىنجاڭدىكى قۇمۇلدا ياغقان قار قېلىن دەرىجىگە يەتتى، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ كۈنەس، نىلقا، تېكەس، موڭغۇلكۈرە ناھىيىلىرىدە ئۇدا 120 سائەتتىن ئارتۇق قار ياغدى، تۈزلەڭ جايلاردىكى يىغىندى قارنىڭ قېلىنلىقى 120 سانتىمېتىرغا يەتتى، تاغلىق رايونلاردىكى يىغىندى قارنىڭ قېلىنلىقى 200 سانتىمېتىردىن ئاشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆلكە يولىدىن بىرنەچچىسى توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى، ناھىيە - يېزا يوللىرىدا قاتناش ئۈزۈلۈپ قالدى.

2. تۆۋەن تېمپېراتۇرا، جۇدۇن ئاپىتى

شىنجاڭ مىقياسىدا 1999 - يىل 4 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە 1970 - يىلدىن بېرى بولۇپ باقمىغان ئەتىيازدىكى ئەڭ كۈچلۈك تۆۋەن تېمپېراتۇرا، جۇدۇن، بوراندىن ئىبارەت ھاۋارايى جەريانى كۆرۈلدى، 13 ۋىلايەت، ئوبلاستتىكى 70 كە يېقىن ناھىيە، شەھەردە قار يېغىش، بوران چىقىش، تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەپ كېتىش ئاپەتلىرى ئومۇمىيۈزلۈك كۆرۈلدى، قار ئۇدا 10 نەچچە سائەت ياغدى.

ئاپتونوم رايوندا 666 مىڭ 700 گېكتار يەردىكى زىرائەت 5 سانتىمېتىردىن 15 سانتىمېتىرغىچە قېلىنلىقتىكى يىغىندى قار ئاستىدا قالدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، تېمپېراتۇرا 3℃- تىن 15℃- قىچە چۈشۈپ كەتتى ۋە 7 بالدىن 12 بالغىچە بوران چىقتى. ئاپەتكە ئۇچرىغان زىرائەت كۆلىمى 800 مىڭ گېكتارغا يېقىن بولۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 60% نى ئىگىلىدى، بۇنىڭدىن 1 مىليارد 300 مىليون يۈەنلىك بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان كېلىپ چىقتى.

3. كەلكۈن ئاپىتى

1999 - يىل 7 -، 8 - ئايلاردا شىنجاڭدا 7 قېتىملىق بىرقەدەر روشەن ھاۋارايى جەريانى كۆرۈلدى. شىمالىي شىنجاڭ بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدا بىرقەدەر ئېغىر كەلكۈن ئاپىتى يۈز بەردى، بولۇپمۇ 7 - ئايدا خېلى داۋاملاشقان يۇقىرى تېمپېراتۇرىدىن كېيىن ئۇدا 5 قېتىم قاتتىق يامغۇر يېغىشتەك ھاۋارايى جەريانى كەينى - كەينىدىن كۆرۈلۈپ، يۇقىرى تېمپېراتۇرىنىڭ يىغىندى قارنى ئېرىتىشى ۋە قىسمەن جايلاردا قاتتىق يامغۇر يېغىشى بىلەن ھاسىل بولغان ئارىلاشما كەلكۈن شەكىللەندى، شۇنىڭ بىلەن قىسمەن دەريا - ئېقىنلارنىڭ سۇيى ئېھتىيات سىزىقىدىكى ئېقىش مىقدارىدىن ئېشىپ كەتتى، جۈملىدىن ئىلى دەرياسى قاتارلىق 25 دەريا - ئېقىندا كەلكۈن پەللىسىنىڭ ئېقىم مىقدارى تارىختا ئەمەلىي ئۆلچەش بويىچە 1 - ئورۇنغا ئۆتتى، قاراشەھەر دەرياسى قاتارلىق 9 دەريا - ئېقىندا كەلكۈننىڭ ئېقىم مىقدارى 100 يىلدىن بىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىگە يەتتى، قىسمەن دەريا - ئېقىنلاردا بىرنەچچە قېتىم پەۋقۇلئاددە زور كەلكۈن پەللىسى كۆرۈلدى، شۇنىڭ بىلەن تۆمۈريول، تاشيول قاتنىشى ئۈزۈلۈپ قالدى، ئېتىزلارنى، ئاھالە ئۆيلىرىنى سۇ بېسىپ كەتتى. شىنجاڭ بويىچە 12 ۋىلايەت، ئوبلاستتىكى 75 ناھىيە (شەھەر) ئاپەتكە ئۇچرىدى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 2 مىليارد 800 مىليون يۈەنگە يەتتى.

جەي سۇڭلىن

## ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا مەبلەغ سېلىنىش ئەھۋالى

ئاپتونوم رايوندا 1999 - يىلى پەۋقۇلئاددە زور تەبىئىي ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ياردەم پۇلى، تەبىئىي ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش كەسپىي خىراجىتى ۋە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا ئىئانە قىلىنغان پۇل بولۇپ 143 مىليون 860 مىڭ يۈەن ئاجرىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە مەركەزنىڭ پەۋقۇلئاددە زور تەبىئىي ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ياردەم پۇلى 86 مىليون 500 مىڭ يۈەن، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك يەرلىك مالىيە تارماقلىرىنىڭ تەبىئىي ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش كەسپىي خىراجىتى 9 مىليون 850 مىڭ يۈەن، ئاپتونوم رايونىمىزدا 1998 - يىلدىن يۆتكەپ بېرىلگەن ئىئانە قىلىنغان پۇل 24 مىليون يۈەن. شۇ يىلى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا 23 مىيون 510 مىڭ يۈەن پۇل ئىئانە قىلىندى.

جەي سۇڭلىن

## ھەمكارلىشىپ ئاشلىق ساقلاش جەمئىيىتى ۋە ھەمكارلىق مەبلەغ كاسسىسىنىڭ ئەھۋالى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ھەمكارلىق مەبلەغ كاسسىسى 1358 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزىلار قۇرغان ھەمكارلىق مەبلەغ كاسسىسى 397، كەنتلەر قۇرغان ھەمكارلىق مەبلەغ كاسسىسى 961، كاسسىغا 607 مىڭ 797 ئائىلە دېھقان ئەزا بولدى. ھەمكارلىق مەبلەغ كاسسىسىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 44 مىليون 504 مىڭ 400 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئامما قوشقان پاي 19 مىليون 831 مىڭ يۈەن، كوللېكتىپ قوشقان پاي 9 مىليون 888 مىڭ يۈەن، دۆلەت ياردەم قىلغان مەبلەغ 13 مىليون 466 مىڭ يۈەن، جەمئىيەت ئىئانە قىلغان پۇل 295 مىڭ يۈەن، مەبلەغنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليون 24 مىڭ 400 يۈەن. شۇ يىلى 28 مىليون 870 مىڭ 100 يۈەن ئۆتنە بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىشقا ئۆتنە بېرىلگەن پۇل 17 مىليون 341 مىڭ يۈەن، تۇرمۇشقا ئۆتنە بېرىلگەن پۇل 9 مىليون 742 مىڭ 400 يۈەن، باشقا ئىشلارغا ئۆتنە بېرىلگەن پۇل 1 مىليون 786 مىڭ 700 يۈەن، 10 مىڭ 776 ئائىلە دېھقان، چارۋىچىنىڭ مەبلەغ قىيىنچىلىقى ھەل قىلىندى.

ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ھەمكارلىشىپ ئاشلىق ساقلاش جەمئىيىتىدىن 790 ى قۇرۇلدى، جەمئىيەتكە 926 مىڭ 346 ئائىلە دېھقان ئەزا بولدى. يىل ئاخىرىدا ساقلانغان ئاشلىق 18 مىڭ 8. 656 تونننىغا يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 9. 877 تونننا ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ساقلىغان ئاشلىق 4. 3201 تونننا، ئامما ساقلىغان ئاشلىق 15 مىڭ 36. 455 تونننا. مۇشۇ يىلى ھەمكارلىشىپ ئاشلىق ساقلاش جەمئىيەتلىرى 1. 7457 تونننا ئاشلىق ئۆتنە بېرىپ، 89 مىڭ 426 ئۆيلۈك ئاممىنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىق قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بەردى.

گۈلگىنە

# ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

## ئەلئارا تەشكىلاتلارنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئەلئارا تەشكىلاتلارنى تىزىملاپ باشقۇرۇش تارماقلىرى 1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار، ھۆكۈمەتلەرنىڭ

رەھبەرلىكىدە، ج خ. خەۋپسىزلىك تارماقلىرىغا پائال ماسلىشىپ، «فالۇن ئەقىدىسى تەتقىقات جەمئىيىتى» نىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ جاي - جايلىرىدىكى يېتەكچىلىك پونكىتلىرى ۋە مەشىق قىلىش نۇقتىلىرىنى قانۇن بويىچە ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، فالۇن گوڭچىنى پاش قىلىش، تەنقىد قىلىشتىن ئىبارەت بۇ زور سىياسىي كۈرەشكە كۈچلۈك ماسلاشتى.

قانۇنسىز ئەللىرا تەشكىلاتلارغا زەربە بېرىش خىزمىتىنىڭ سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، 4 قانۇنسىز تەشكىلات قانۇن بويىچە تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىنىپ، ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 1999 - يىل 3 - ئايدا ئەللىرا تەشكىلاتلارنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش خىزمىتى يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ئاپتونوم رايوندىكى ئەللىرا تەشكىلاتلارنى باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇردى. خەلق ئىشلىرى نازارىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى تىزىملاپ باشقۇرۇش نىزامى›نى يولغا قويۇش تەپسىلىي پرىنسىپىنىڭ تۈزىتىلگەن نۇسخىسىنى تۈزۈپ چىقتى؛ 60 تىن ئارتۇق كەسپىي كادىرنى تەربىيىلىدى؛ خەلق باشقۇرۇشىدىكى غەيرىي كارخانا ئورۇنلىرىنى تىزىملاپ باشقۇرۇش ۋاقىتلىق نىزامىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايوندىكى خەلق باشقۇرۇشىدىكى غەيرىي كارخانا ئورۇنلىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈپ، تەكتىنى ئېنىقلاپ، خەلق باشقۇرۇشىدىكى غەيرىي كارخانا ئورۇنلىرىنى تىزىملاپ باشقۇرۇش خىزمىتىنى يولغا قويۇشقا تولۇق تەييارلىق كۆردى.

ئاپتونوم رايوندىكى 2596 ھەر دەرىجىلىك، ھەرخىل ئىجتىمائىي تەشكىلاتنى ئېنىقلاش، تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى داۋاملىق قانات يايدۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 720 سى رويخەتتىن ئۆچۈرۈلدى ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، 1745 نىڭ گۇۋاھنامىسى ئالماشتۇرۇپ بېرىلدى، 131 نى داۋاملىق تەرتىپكە سېلىش ۋە ياخشىلاش بەلگىلەندى؛ شۇ يىلى ھەر دەرىجىلىك ئەللىرا تەشكىلاتلارنى باشقۇرۇش تارماقلىرى قوبۇل قىلغان تەشكىلاتلارنى تىزىملاش ئىلتىماسىدىن جەمئىي 184 نى تاپشۇرۇۋالدى، بۇلاردىن 134 نى تىزىملاش تەستىقلاندى. 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي ئىجتىمائىي تەشكىلات سانى 2010، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون خاراكتېرىدىكىسى 451، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر خاراكتېرىدىكىسى 848، ناھىيە، شەھەر خاراكتېرىدىكىسى 711.

دەي چىڭ

## يېڭىدىن رويخەتكە ئېلىنىپ تىزىملانغان ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار

خەلق ئىشلىرى نازارىتى 1999 - يىلى رويخەتكە ئېلىپ تىزىملىغان ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ تىزىملىكى:

شىنجاڭ ئەمگەك باشقۇرۇش جەمئىيىتى كەسپىي جەھەتتە مەسئۇل ئورۇن: ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى

شىنجاڭ ئۆي جاھازلىرى كەسپىي سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى كەسپىي جەھەتتە مەسئۇل ئورۇن: ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى

شىنجاڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي يۇڭى ئىشلەپچىقارغۇچىلار جەمئىيىتى كەسپىي جەھەتتە مەسئۇل ئورۇن: چارۋىچىلىق نازارىتى

شىنجاڭ كىم ئارتۇق سودىسى كەسپىي جەمئىيىتى كەسپىي جەھەتتە مەسئۇل ئورۇن: سودا نازارىتى

شىنجاڭ قوغۇن - تاۋۇز - كۆكتات ئۇرۇقى جەمئىيىتى كەسپىي جەھەتتە مەسئۇل ئورۇن: دېھقانچىلىق نازارىتى

شىنجاڭ ساياھەت كوپېراتىپلىرى جەمئىيىتى كەسپىي جەھەتتە مەسئۇل ئورۇن: ش ئۇ ئا ر ساياھەتچىلىك ئىدارىسى

شىنجاڭ بېزەك ماتېرىياللىرى كەسپىي سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى كەسپىي جەھەتتە مەسئۇل ئورۇن: ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى

شىنجاڭ ئوزۇقلۇق ئىلمىي جەمئىيىتى كەسپىي جەھەتتە مەسئۇل ئورۇن: ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى

شىنجاڭ مەنزىرىلىك باغ - ئورمان ئىلمىي جەمئىيىتى كەسپىي جەھەتتە مەسئۇل ئورۇن: قۇرۇلۇش نازارىتى

شىنجاڭ سۈتچىلىك جەمئىيىتى كەسپىي جەھەتتە مەسئۇل ئورۇن: چارۋىچىلىق نازارىتى

شىنجاڭ توك باھاسى جەمئىيىتى كەسپىي جەھەتتە مەسئۇل ئورۇن: ش ئۇ ئا ر باھا ئىدارىسى

دەي چىڭ

# ياشانغانلار خىزمىتى

## ئومۇمىي ئەھۋالى

ئاپپارات قۇرۇلۇشى 1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر ياشانغانلار خىزمىتى كومىتېتى تەركىبىدىكى خادىم سانى 341، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس كادىر 213. ئۈرۈمچى شەھىرى، ئىلى ئوبلاستى، سانجى ئوبلاستى، بايىنغولىن ئوبلاستى، ئىلى ۋىلايىتى، ئالتاي ۋىلايىتى، ئاقسۇ ۋىلايىتىدە ئايرىم ئاپپارات تەسىس قىلىندى، ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى، مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقى ياكى مۇئاۋىن ۋالىي مۇدىرلىقنى ئۈستىگە ئالدى، مەخسۇس ۋەزىپە ئۆتەيدىغان مۇئاۋىن

مۇدىرنىڭ دەرىجىسى ھاكىم دەرىجىلىك بولدى، باشقا ۋىلايەت، ئوبلاستلار ۋە شىخەنزە شەھىرىدە پاشانغانلار خىزمىتى كومىتېتى پېشقەدەم كادىرلار ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە خىزمەت ئىشلىدى.

پاشانغانلار مائارىپى 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايوندىكى پاشانغانلار ئۇنىۋېرسىتېتى 75 كە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 17% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) دەرىجىلىكى 2، ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىكى 11، ناھىيە (شەھەر) دەرىجىلىكى 15، يېزا - بازار دەرىجىلىكى 20، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكىسى 25، ھەربىي رايوندىكىسى 2. بۇ مەكتەپلەردىكى كۇرسانت سانى 10 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. شىنجاڭ پاشانغانلار ئۇنىۋېرسىتېتىدا 1175 كۇرسانت ئوقۇيدۇ. مەدەنىيەت - تەنتەربىيە فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى فاڭ جيەن خەلقئارا پاشانغانلار يىلىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن جىڭجۇ تىياتىرى ئارتىس - ھەۋەسكارلىرىنىڭ بىرلەشمە دوستلۇق ئويۇن كۆرسىتىشى ۋە 99' جۇڭگو جىڭجۇ تىياتىرى ئارتىس - ھەۋەسكارلىرى سەنئەت بايرىمىدا مۇنەۋۋەر ئورۇنداش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ھۈسنخەت - رەسىم فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى جاۋ جېڭلۇنىڭ خەتتاتلىق ئەسىرى مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىرلىكتە تەشكىللىگەن «چولاڭ قىزىل لاچىن» ناملىق تۇنجى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئوتتۇرا ياش، پاشانغانلارنىڭ ھۈسنخەت ۋە رەسىم مۇسابىقىسىدە بىرىنچىدىن 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، ئۇنىڭ «غەربىي يۇرتنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى — قوغۇن» دېگەن ئەسىرى «خەلق گېزىتى» ئىدارىسى، «جۇڭخۇا پاشانغانلار گېزىتى» ئىدارىسى خەلقئارا پاشانغانلار يىلى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزگەن شېئىر ۋە پروزا، ھۈسنخەت ۋە رەسىم مۇسابىقىسىدە رەسىملەر توپلىمىغا كىرگۈزۈلدى ۋە ب د ت مائارىپ - پەن - مەدەنىيەت تەشكىلاتىغا تەقدىم قىلىندى. ھۈسنخەت - رەسىم فاكۇلتېتىدىكى 200 دىن ئارتۇق كۇرسانت 100 مېتىر، 10 مىڭ مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يۆگىمە ھۈسنخەت - رەسىم سەييارە كۆرگەزمىسىنى ئىجاد قىلىشقا قاتناشتى، 30 نەچچە كۇرسانتنىڭ ھۈسنخەت ۋە رەسىم ئەسىرى خەلقئارا ۋە مەملىكەت ئىچىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەتتاتلىق، ھۈسنخەت ۋە رەسىم كۆرگەزمىلىرىگە قويۇلدى. مۇئاۋىن مۇدىر جاڭ شۈچيەن باش تۈزگۈچى بولغان «نەۋرىلەرنى قانداق تەربىيىلەش كېرەك» دېگەن كىتاب نەشر قىلىندى.

تەشۋىقات ش ئۇ ئا ر پاشانغانلار خىزمىتى كومىتېتى خەلقئارا پاشانغانلار يىلى ئۈستىدە تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن، خەلقئارا پاشانغانلار يىلىنىڭ ياش پەرقى بولمىغان، ھەممە ئادەم تەڭ بەھرىمەن بولىدىغان جەمئىيەت قۇرۇشتىن ئىبارەت باش تېمىسى، نىشانى ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى ھەم بۇنىڭغا ئالاقىدار بىلىملەرنى ئومۇميۈزلۈك تەشۋىق قىلدى. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پاشانغانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش نىزامى» نى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىش يۈزىسىدىن بۇ نىزامنىڭ ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل يېزىقلىرىدىكى تۈپلەنمىسىدىن 20 مىڭدىن ئارتۇق نۇسخا ئاپتونوم رايون بويىچە بېسىپ تارقىتىلدى، پاشانغانلار بايرىمى ۋە پاشانغانلارنى ھۆرمەتلەش تەشۋىقات ئېيى مەزگىلىدە شەھەر رايونىدا ۋە زاۋۇت، كان، كارخانىلارغا 30 نەچچە پلاكات ئېسىلدى، تەشۋىقات ئاپتوموبىلى چىقىرىلىپ، 10 مىڭ نۇسخىغا يېقىن تەشۋىقات ماتېرىيالى بېسىپ تارقىتىلدى. مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى «كەچكى شەپەق» پروگراممىسى گۇرۇپپىسىنىڭ ئاپتونوم رايوندا «100 ياشلىق بوۋاي - مومايلار» ناملىق مەخسۇس پروگراممىنى سۈرەتكە ئېلىشىغا ياردەم بېرىلدى. «پاشانغانلار شادلىقى گېزىتى» 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن كىچىك فورماتلىق 4 بەتلىكتىن كىچىك فورماتلىق 8 بەتلىككە ئۆزگەرتىلدى، بۇ گېزىتكە يېڭىدىن 30 دىن ئارتۇق ئىستون قوشۇلدى؛ خەنزۇچىسىنىڭ تىراژى 110 مىڭ، ئۇيغۇرچىسىنىڭ تىراژى 10 مىڭ بولدى. بۇ گېزىتخانا ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ش ئۇ ئا ر ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى تەرىپىدىن 20 نادىر ئاخبارات ئورنىنىڭ بىرى بولۇپ باھالاندى.

باشقىلار ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 7 - قېتىملىق پاشانغانلار خىزمىتى يىغىنى 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 13 - كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىننىڭ باش تېمىسى 1998 - يىللىق خىزمەت تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ۋە ئالماشتۇرۇش، 1999 - يىللىق خىزمەتنى ئورۇنلاشتۇرۇش، مەملىكەتلىك پاشانغانلار خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت. 7 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پاشانغانلار خىزمىتى كومىتېتى بىلەن شىنجاڭ پاشانغانلار ئۇنىۋېرسىتېتى ئالتاي ۋىلايىتىدە شىنجاڭ پاشانغانلار ئۇنىۋېرسىتېتلىرى جەمئىيىتىنىڭ 2 - نۆۋەتلىك كېڭەش يىغىنىنى ئۆتكۈزدى، يىغىندا پاشانغانلار مائارىپى ئىشىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى تەجرىبىلەر ئالماشتۇرۇلدى، قېلىپلاشقان باشقۇرۇش تۈزۈمى تۈزۈپ چىقىلدى، پاشانغانلار ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشى مۇھاكىمە قىلىندى. بىر يىلدىن بېرى، ش ئۇ ئا ر پاشانغانلار خىزمىتى كومىتېتى كەلگەن خەت - چەك ۋە ھال - ئەھۋال ئېيتىپ كەلگۈچىلەرنىڭ ئەرزىدىن 40 نى ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلدى.

جى ۋېنشىن

## تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتى

ش ئۇ ئا ر پاشانغانلار خىزمىتى كومىتېتى تەشكىللىگەن

تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى 1999 - يىل 7 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭدىكى 6 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى 17 ناھىيە، شەھەر، 30 نەچچە يېزا - بازارغا بېرىپ، ياشانغانلار خىزمىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشى، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ ئاپپارات قۇرۇلۇشى، بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىدىكى ياشانغانلارغا ياردەم بېرىش جامائەت پاراۋانلىقى دورىخانىسىنىڭ يۈرۈشۈش ئەھۋالى، ئاپتونوم رايوندىكى ياشانغانلار ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنىڭ تەرەققىياتى ھەم يېزىلاردىكى ياشانغانلارنىڭ مەجبۇرىيەت ئەمگىكى ۋە جۇغلانما ئەمگەكنى زىممىسىگە ئېلىش ئەھۋالى قاتارلىق ئىشلارنى ئەمەلىي تەكشۈردى ۋە مەخسۇس تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. تەكشۈرۈش ئەھۋالىدا كۆرسىتىلىشىچە، قىسمەن ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە (شەھەر) لەردە ياشانغانلار ئاپپاراتى تېخى مۇكەممەل ئەمەس ئىكەن، كۆپ قىسىم رايونلاردا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ياشانغانلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى» دىكى «يېزىلاردىكى 60 ياشتىن ئاشقان بوۋاي - مومايلار مەجبۇرىيەت ئەمگىكى ۋە جۇغلانما ئەمگەكنى زىممىسىگە ئالمايدۇ» دېگەن بەلگىلىمە ئەمەلىيلەشمىگەن، ئاپتونوم رايون بويىچە بىردىنبىر ياشانغانلارغا ياردەم بېرىش جامائەت پاراۋانلىقى دورىخانىسىنىڭ يۈرۈشۈش ئەھۋالىدا بىرمۇنچە قىيىنچىلىقلار ساقلانغان. تەكشۈرۈش داۋامىدا بايقالغان مەسىلىلەر كۆزدە تۇتۇلۇپ، ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە تەكشۈرۈش دوكلاتى سۇنۇلدى، تەكشۈرۈش دوكلاتىدا بىر قاتار مۇمكىنلىك قارىشى تەدبىر، تەكلىپلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى مەھەللىلەرنىڭ ياشانغانلارنى كۈتۈش، ياشانغانلارغا ياردەم بېرىش مۇلازىمىتى ئەھۋالى 8 - ئايدىن 11 - ئايغىچە تەكشۈرۈلدى، 7 رايوندىكى 45 مەھەللە ئىش باشقارمىسى، 45 ئاھالىلەر كومىتېتى ۋە 6658 بوۋاي - موماي ئۈستىدە ياشانغانلار مەھەللىلىرىدە ياشانغانلارنى كۈتۈش، ياشانغانلارنىڭ مائارىپ، كۆڭۈل ئېچىش، تېببىي داۋالىنىش قاتارلىق پاراۋانلىق مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇشى ۋە ياشانغانلارنىڭ مەھەللىلەردىكى ياشانغانلارنى كۈتۈش، ياشانغانلارغا ياردەم بېرىش مۇلازىمىتى توغرىسىدىكى تەلەپلىرى قاتارلىق ئەھۋاللار ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى. تەكشۈرۈش ئەھۋالىدىن مەلۇم بولۇشىچە، مەھەللىلەردىكى ياشانغانلارنى كۈتۈش، ياشانغانلارغا ياردەم بېرىش مۇلازىمىتى ئىزدىنىش، دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلىش باسقۇچىدا تۇرۇۋېتىپتۇ، ئۇنىڭ ئاساسى ناھايىتى ئاجىز ئىكەن. ياشانغانلار مەھەللىلىرىدىكى ياشانغانلارنى كۈتۈش ۋە ياشانغانلارنىڭ مائارىپ، كۆڭۈل ئېچىش، تېببىي داۋالىنىش قاتارلىق پاراۋانلىق مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتى ئاستا، ئومۇمىي جەھەتتىن مۇلازىمەت قىلىش سەۋىيىسى ناھايىتى تۆۋەن ئىكەن، ھالبۇكى، ياشانغانلارنىڭ مۇلازىمەتكە بولغان تەلىپى ناھايىتى كۈچلۈك ئىكەن، دېمەك، ياشانغانلارنى كۈتۈش، ياشانغانلارغا ياردەم بېرىش مۇلازىمىتىنىڭ ئىستىقبالى زور ئىكەن. مۇشۇ ئەھۋاللار كۆزدە تۇتۇلۇپ، ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە تەكشۈرۈش دوكلاتى سۇنۇلدى، تەكشۈرۈش دوكلاتىدا مەھەللىلەردىكى ياشانغانلارنى كۈتۈش، ياشانغانلارغا ياردەم بېرىش مۇلازىمىتىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدا پىكىر ۋە تەكلىپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

3 .. 4 - ئايلاردا قىسمەن ئالىي مەكتەپلەر، ئىلمىي تەتقىقات ئورۇنلىرىدا ياشانغانلارنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى، بۇ جەرياندا 185 ئادەم تەكشۈرۈلدى. تەكشۈرۈش ئەھۋالىدا ئىنكاس قىلىنىشىچە، ياشانغانلارنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىغا قاتنىشىش ئاكتىپلىقى ۋە بۇ جەھەتتىكى يوشۇرۇن كۈچ زور ئىكەن، ئەمما جەمئىيەتنىڭ ياشانغانلارنىڭ بۇنىڭغا قاتنىشىشى ھەققىدىكى تونۇشى يېتەرلىك ئەمەس ئىكەن، سىياسەت ئارقىلىق يېتەكلەش كەمچىل ئىكەن، ئالاقىدار يوللار راۋان ئەمەس ئىكەن، ياشانغانلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدىكەن.

لى جۇشياڭ

## خەلقئارا ياشانغانلار يىلى تەبرىكلەندى

ش ئۇ ئا ر ياشانغانلار خىزمىتى كومىتېتى 1999 - يىل 2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى باھار بايرىمىنى كۈتۈۋېلىش، خەلقئارا ياشانغانلار يىلىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش يىغىنى ئۆتكۈزدى. ش ئۇ ئا ر ياشانغانلار خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇدىر، مەسلىھەتچى، ئەزالىرى ۋە ئاپتونوم رايوندىكى بىر قىسىم كومىتېت، ئىشخانا، نازارەت، ئىدارە، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ھەم ياشانغانلارغا ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ۋەكىللىرى بىر يەرگە خۇشال - خۇرام جەم بولۇشتى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى چېن دېمىن، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ يۈسەن، ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى دۆڭ جاۋخې، ش ئۇ ئا ر ياشانغانلار خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى جاڭ شاۋپېڭلار يىغىندا سۆز قىلدى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆردى. ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن بىرلىكتە شىنجاڭ بويىچە خەلقئارا ياشانغانلار يىلىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى تېلېۋىزىيە بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش يىغىنى ئۆتكۈزدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك ياشانغانلار خىزمىتى كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە 6 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئۈرۈمچى



سۈرەتتە: بېيجىڭ شەھىرىدىكى فاڭشەن رايونى خەنسۇنىڭ كەتتىلىك زاماننى لاشقان كۆرگەزمىخانىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلماقتا.

ياك يۈلى فوتوسى

سۇ ئۈستى شادلىق باغچىسىدا خەلقئارا ياشانغانلار يىلىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن «ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئىناق ئۆتۈش، چوڭلار بىلەن كىچىكلەر بىرلىشىش» ناملىق باغ سەيلىسى بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. بۇ پائالىيەت ئەدەبىيات - سەنئەت نومۇرلىرىنى ئورۇنداش، تېببىي پەن مۇتەخەسسىسلىرى خالىسانە كېسەل كۆرۈپ مەسلىھەت بېرىش، ياشانغانلار قانۇنىدىن مەسلىھەت بېرىش، شۇ جايىنىڭ ئۆزىدىلا ھۆسنخەت يېزىپ ۋە رەسىم سىزىپ تەقدىم قىلىش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. پائالىيەتتە يەنە تەيجى گۇڭپۇسى، ساغلاملىق گىمناستىكىسى، يەلپۈگۈچ ئۇسسۇلى ئوينالدى، ھەر مىللەت، ھەر ساھەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ياشانغان، ئوتتۇرا ياش، ياش، ئۆسمۈر شەھەر ئاھالىسىدىن 40 مىڭغا يېقىن كىشى بۇ پائالىيەتكە قاتناشتى. ئاپتونوم رايوننىڭ جاي - جايلىرىدىمۇ خىلمۇخىل، ساغلام ۋە پايدىلىق بولغان بىرقاتار تەبرىكلەش، تەشۋىقات پائالىيەتلىرى قانات يايدۇرۇلدى.

جى ۋېنشىن

## ئوتتۇرا ياشلىقلار ۋە ياشانغانلارنىڭ 4 ئىشنى كۈتۈۋېلىش ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكى

ش ئۇ ئا ر ياشانغانلار خىزمىتى كومىتېتى 1999 - يىل

8 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە ئەنىمېن تەنتەربىيە سارىيى ۋە ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى ئىشچىلار مەدەنىيەت سارىيىدا ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى، ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى، يېڭى ئەسىرنى ۋە خەلقئارا ياشانغانلار يىلىنى كۈتۈۋېلىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئوتتۇرا ياشلىقلار ۋە ياشانغانلارنىڭ «ئەۋج لوڭقىسى» ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكىنى ئۆتكۈزدى، كۆرەككە 5 ۋىلايەت، شەھەر ۋە ئۈرۈمچى رايونىدىكى 41 ئورۇن، 99 ۋەكىللەر كوماندىسىدىن بولۇپ جەمئىي 2650 نەپەر ھەر مىللەت ئوتتۇرا ياشلىقلار ۋە ياشانغانلار قاتناشتى. ش ئۇ ئا ر ياشانغانلار خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى جاڭ شاۋپېڭ، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى ئارىپ زۇرغانىبېك ئېچىلىش مۇراسىمى ۋە يېپىلىش مۇراسىمىدا سۆز قىلدى. ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش، ش ئۇ ئا ر ياشانغانلار خىزمىتى كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە ھەرساھە ۋەكىللىرىدىن 3000 كىشى ئويۇن كۆردى. كۆرەك ئۇسسۇل، ناخشا، ياڭگېر ۋە جاڭ - دۇمباقتىن ئىبارەت 3 گۇرۇپپا، 11 تۈر بويىچە ئۆتكۈزۈلدى. 108 كوللېكتىپ تەشكىللەش مۇكاپاتى، مەنىۋى مەدەنىيلىك مۇكاپاتى، مېيخۇا گۈلى مۇكاپاتى، جۇخارگۈل مۇكاپاتى، قار لەيلىسى مۇكاپاتى ۋە خاتىرىلەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ 241 شەخس 1 -، 2 -، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپات ۋە خاتىرىلەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

جى ۋېنشىن

## ياشانغانلارغا ياردەم بېرىش قۇرۇلۇشى

1999 - يىل 12 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ياشانغانلارغا ياردەم بېرىش جامائەت پاراۋانلىقى دورىخانىلىرى قىيىنچىلىقى ئېغىر 1760 بوۋاي - مومايىنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ، ئۇلارغا 90 مىڭ يۈەنلىكتىن ئارتۇق دورىنى ھەقسىز بەردى. سەييارە تېببىي داۋالاش ئەترىتى ياردەم بېرىلگۈچى بوۋاي - مومايلار تۇرۇشلۇق يېزا - بازارلارغا ئېيىغا بىر قېتىم بېرىپ كېسەل كۆردى ۋە دورا يەتكۈزۈپ بەردى.

ياشانغانلار توغرىسىدىكى ھەرخىل ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى جايلاردا پەيدىنپەي يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. ئۈرۈمچى شەھىرى، سانجى ئوبلاستى، تۇرپان ۋىلايىتى،

شىخەنزە شەھىرى، كورلا شەھىرى، ئاقسۇ شەھىرى، قاراماي شەھىرىدە ياشانغانلارنى ئىجتىمائىي ئالدىن بەھرىمەن قىلىش، ئېتىبار بېرىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىن ئېتىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەر كەينى - كەينىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ياشانغانلار ئېتىبار بېرىش كىنىشكىسى ياكى دەم ئېلىشقا چىقىش كىنىشكىسى ئارقىلىق داۋالىنىش، ئاپتوبۇسقا چۈشۈش، باغچىغا كىرىش، كىنو - تىياتىرخانىغا كىرىش، كۈتۈپخانىغا كىرىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئالدىن بەھرىمەن بولۇش، ئېتىبار بېرىش مۇلازىمىتىدىن بەھرىمەن بولدى.

مەملىكەتلىك ياشانغانلارغا ياردەم بېرىش قۇرۇلۇشى ئىشخانىسى 1999 - يىل 5 - ئايدا مەملىكەت بويىچە قىيىنچىلىقى ئېغىر 10 مىڭ بوۋاي - مومايغا كۆتۈنۈش جەھەتتە ياردەم بېرىش ھەرىكىتىنى قوزغاپ، جەمئىيەتتىن مەبلەغ ئىئانە توپلىدى. قىيىنچىلىقى ئېغىر بوۋاي - مومايلارغا يىلىغا 500 يۈەندىن كۆتۈنۈش ياردەم پۇلى بېرىش ئۆلچىمى بويىچە ياردەم بېرىلدى. مەملىكەتلىك ياشانغانلارغا ياردەم بېرىش ئىشخانىسى ئاپتونوم رايوندىن 100 بوۋاي - مومايغا كۆتۈنۈش جەھەتتە ياردەم بېرىشنى تەستىقلىدى. شىنجاڭ «تۈنخې» چەكلىك پاي شىركىتى بۇ ھەرىكەتكە 50 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى.

جى ۋېنشىن

## شىنجاڭ ياشانغانلار ياتاق بىناسى ئىشلىتىلىشكە باشلىدى

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ش ئۇ ئا ر ياشانغانلار خىزمىتى كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ش ئۇ ئا ر ياشانغانلار فوندى جەمئىيىتى بىرلىكتە قۇرغان شىنجاڭ ياشانغانلار ياتاق بىناسى 1999 - يىل 7 - ئاينىڭ 6 - كۈنى رەسمىي ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. ياتاق بىناسى ئۈرۈمچى شەھىرى «قارلىغاچلىق» كوچىسى 76 - نومۇردىكى شىنجاڭ ئىشچىلار 1 - ساناتورىيىسىگە جايلاشقان بولۇپ، ساناتورىيىنىڭ ئەسلىھەلىرىدىن پايدىلىنىدۇ. ياتاق بىناسىدا ياشانغانلار كارىۋىتىدىن 60 ى بار، ياتاق بىناسى ياشانغانلارنى تاماق، ياتاق، سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، كۆڭۈل ئېچىش قاتارلىق ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ئاساسىي باھا ئېيىغا 290 يۈەن.

جى ۋېنشىن

## پېشقەدەم ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى بېيجىڭغا ئېكسكۇرسىيىگە بېرىشقا تەشكىللەندى

ش ئۇ ئا ر ياشانغانلار خىزمىتى كومىتېتى 1999 - يىلى خەلقئارا ياشانغانلار يىلىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن «1 - ماي» بايرىمى ھارپىسىدا ئۆمەك تەشكىللەپ، جۇڭگو ياشانغانلار جەمئىيىتى ئۆتكۈزگەن پېشقەدەم ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنىڭ بېيجىڭغا بېرىپ ئېكسكۇرسىيە قىلىش ئۆمىكى پائالىيىتىگە قاتناشتۇردى. ئاپتونوم رايوندىن تاللاپ ئەۋەتىلگەن 4 نەپەر ئەمگەك نەمۇنىچىسى 50 -، 60 - يىللاردىكى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى بولۇپ، قاتناش نازارىتى تاشيول ئاسراش باش ئۆچاستكىسى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى تويبولدى (قازاق)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوتسېنتى مەرەمنىسا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 5 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ سابىق ئىلمىي مۇدىرى گۆھەر، گوچۇڭ ناھىيىسى گوچۇڭ بازىرى ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ فۇسېنلاردىن ئىبارەت. ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى بېيجىڭدا يېڭى تېخنىكا تەرەققىيات رايونى، زامانىۋى كارخانىلار، يېزا ئىگىلىكىدىكى يېڭى تېخنىكا باغ رايونى قاتارلىق ئورۇنلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى ھەم دياۋيۇتەي دۆلەت مېھمانخانىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن پېشقەدەم ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنىڭ بىرلەشمە دوستلۇق سۆھبەت يىغىنىدا پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدى.

جى ۋېنشىن

## مەملىكەتلىك ئوتتۇرا ياشلىقلار، ياشانغانلارنىڭ ساغلاملىق ئۇسسۇلى كۆرىكىگە قاتنىشىش ئەھۋالى

ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى ياشانغانلار سەنئەت ئۆمىكى 1999 - يىل 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە جۇڭگو ياشانغانلار جەمئىيىتى، جۇڭگو ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتى تەييۇەن شەھىرىدە ئۆتكۈزگەن «99' خەلقئارا ياشانغانلار يىلى فېنيالڭ ھارىقى، جۇ يېچىڭ ھارىقى لوڭقىسى» مەملىكەتلىك ئوتتۇرا ياشلىقلار، ياشانغانلار ساغلاملىق ئۇسسۇلى كۆرىكىگە قاتناشتى. كۆرەككە 25 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەردىن 78 ۋەكىللەر كوماندىسى قاتناشتى. بۇ ئۆمەك ئورۇندىغان ئۇسسۇل «تەڭرىتاغ قىزى» 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

جى ۋېنشىن

## تۇنجى نۆۋەتلىك جۇڭخۇا ئوتتۇرا ياشلىقلار، ياشانغانلار مودا كىيىملىرىنى كۆرگەزمە قىلىپ ئويۇن كۆرسىتىش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش ئەھۋالى

ئۈرۈمچى «گۈسما» ئوتتۇرا ياشلىقلار، ياشانغانلار سەنئەت ئۆمىكى 1999 - يىل 12 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 12 - كۈنىگىچە جۇڭگو ياشانغانلار جەمئىيىتى، جۇڭخۇا مەملىكەتلىك

ئاياللار بىرلەشمىسى، جۇڭگو سەنئەت تەتقىقات جەمئىيىتى، جۇڭگو نويۇس مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى، جۇڭخۇا كىيىم - كېچەك ۋە زىبۇ زىننەت مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتى بېيجىڭدا ئۆتكۈزگەن تۇنجى نۇۋەتلىك جۇڭخۇا ئوتتۇرا ياشلىقلار، ياشانغانلار مودا كىيىملىرىنى كۆرگەزمە قىلىپ ئويۇن كۆرسىتىش مۇسابىقىسىگە قاتناشتى. مۇسابىقىگە مەملىكىتىمىزدىكى 20 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەردىن 78 ئوتتۇرا ياشلىقلار، ياشانغانلار مودا كىيىم ۋەكىللەر كوماندىسى (ئۆمىكى) دىكى 1300 دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى. «ئوسما» ئوتتۇرا ياشلىقلار، ياشانغانلار سەنئەت ئۆمىكى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپات، مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتى ۋە شەخسلەر ئويۇن كۆرسىتىش ماھارىتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

جى ۋېنشىن

# دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتى

## دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتى

ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى كومىتېتى 1999 - يىلى دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، بەلگىلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

1. دىنىي زاتلارنى يېتىشتۈرۈش، تەربىيىلەش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇلدى. ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى كومىتېتى دىن ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچىلىرى كۇرسىدىن 2 قارار ئېچىپ، 80 دىن ئارتۇق ئادەمنى تەربىيىلىدى. جايلاردا دىنىي زاتلارنىڭ ئۆگىنىش تۈزۈمى داۋاملاشتۇرۇلۇپ، ھەرخىل شەكىلدىكى دىنىي زاتلار كۇرسلىرى ئېچىلدى. تەربىيىلەش داۋامىدا دىنىي زاتلار باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەن چاغدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى، مەركەزدە ئۆتكۈزۈلگەن مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ دىنىي پائالىيەتلەر، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى، دىن ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچىلىرىنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى سىياسەت، قانۇن - نىزاملىرىنى نۇقتىلىق ئۆگىنىشكە ئويۇشتۇرۇلۇپ، ئۇلارغا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ۋە قانۇن - تۈزۈم تەربىيىسى بېرىلدى.

2. دىن ئىشلىرى پائالىيەت سورۇنلىرى ۋە دىنىي زاتلارنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى يىللىق تەكشۈرۈش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلدى. خوتەن، قىزىلسۇ، ئاقسۇ، ئىلى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى تارماقلىرى مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەشكە بىرلەشتۈرۈپ، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ۋە دىن ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچىلىرىنى ئېنىقلاش، تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى ئىشلىدى. خوتەن، بورتالا، ئىلى، ئاقسۇ قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا ئاز سانلىق مىللەتلەر كادىرلىرىنىڭ مەسچىتلەر بىلەن ئالاقە باغلاش تۈزۈمى ۋە دىنىي زاتلار بىلەن دوست بولۇش، سۆھبەتلىشىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. جايلاردا نۇقتىلىق مەسچىتلەرنىڭ دىنىي خىزمەتچىلىرىنى تەكشۈرۈش كۈچەيتىلدى، ۋەز ئېيتقۇچىلار بەلگىلىنىپ، دىن ئىشلىرىنى مىقدارلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى ھەمدە ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار دىن ئۆگەنگۈچىلەرنى يېتەكلەپ تەربىيىلەش تەدبىرى قوللىنىلدى. ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى كومىتېتى «ۋەز - نەسىھەتتە پايدىلىنىش ماتېرىيالى» دېگەن كىتابنى تۈزۈپ چىقىپ، مەسچىتلەردە ۋەز ئېيتىش مەزمۇنىنى بىرلىككە كەلتۈردى ۋە قېلىپلاشتۇردى. دۆلەت پىلان كومىتېتىنىڭ مەخسۇس مەبلىغى قولغا كەلتۈرۈلۈپ، ئاپتونوم رايوندا تارىخى ئۇزاقراق، تەسىرى چوڭراق بولغان 3 مەسچىتنىڭ بىر قىسىم رېمونت خىراجىتى ھەل قىلىندى. ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى سايباغ مەسچىتى، نەنزىڭگۇ مەسچىتى، خوتەن شەھىرىدىكى سېدە تۇۋۈ مەسچىتى، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىكى خۇيزۇ مەسچىتى، بىڭتۇەن 6 - شى 101 - تۇەن - مەيدانىنىڭ غەربىي تاغ كۆمۈركان مەسچىتى قاتارلىق مەسچىتلەرنىڭ مەسىلىسى بىرتەرەپ قىلىندى، تەستىقلىتىلمای كەلسە - كەلمەس سېلىنغان بىر تۈركۈم مەسچىتلەر پېچەتلەندى، بىر تۈركۈم يەر ئاستى ۋەز ئېيتىش نۇقتىلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

3. دىن ساھەسىدىكى قوش «بەشتە ياخشى» لارنى باھالاش، تەقدىرلەش پائالىيىتى داۋاملىق چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى. ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى كومىتېتى ئاپتونوم رايوننىڭ جاي - جايلىرىدا قوش «بەشتە ياخشى» لارنى تەقدىرلەش يىغىنلىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئۆتكۈزۈلۈشىنى تەشكىللىدى ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلدى. بايىنغولىن ئوبلاستى، بورتالا ئوبلاستى قوش «بەشتە ياخشى» لارنى باھالاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش داۋامىدا يېڭى مەزمۇنلارنى ئۈزلۈكسىز تولۇقلىدى، دىنىي زاتلار دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاممىنى ئىلىم - پەن ئۆگىنىپ، ئىلىم - پەندىن پايدىلىنىپ، ئىقتىسادىي ئەمەلىي گەۋدە قۇرۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى كەڭ ئاممىغا باشلامچىلىق قىلىپ، جايلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا پائال قاتنىشىشقا يېتەكلىدى.

4. خىرىستىئان دىنى ۋە كاتولىك دىنىنى باشقۇرۇش ھەم بۇ جەھەتتە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش كۈچەيتىلدى. يەر ئاستى

دىنىي كۈچلەرنىڭ پائالىيەتلىرىگە قەتئىي زەربە بېرىلدى، بۇ 2 دىن جەھەتتىكى سىڭىپ كىرىشكە قارشى تۇرۇش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، چېگرا سىرتىدىكى دىنىي كۈچلەرنىڭ ئاپتونوم رايوندا قانۇنسىزلىق بىلەن دىن تارقىتىشى، تەشكىلاتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى ۋە سىڭىپ كىرىشى قەتئىي چەكلەندى ھەمدە تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىندى. ئاپتونوم رايوندا كاتولىك دىنىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش تاماملاندى.

5. ھەج قىلغۇچىلارنى باشقۇرۇش خىزمىتى كۈچەيتىلدى. ساھەلەر بويىچە مەسئۇل بولۇش، سان چەكلىمىسى بويىچە تەكشۈرۈپ تەستىقلاش، بىر تۇتاش تەشكىللەش، ئۇنىۋېرسال باشقۇرۇش فاڭجېنى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، تەشۋىقات، تەربىيە كۈچەيتىلىپ، ھەج قىلغۇچىلارنىڭ ئومۇمىي ساپاسى ئۆستۈرۈلدى. بېيجىڭغا 2 قېتىم خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىلىپ، ئۆز ئالدىغا ھەج قىلغۇچىلاردىن 500 دىن كۆپرەكى نەسىھەت بىلەن توسۇپ قېلىنىپ، پايتەخت ئايرودرومىنىڭ نورمال تەرتىپى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى قوغداپ قېلىندى، شۇنىڭ بىلەن ھەج قىلىش قىزغىنلىقى پەيدىنپەي پەسەيدى.

6. دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى. ئىسلام دىنى جەمئىيىتى، بۇددا دىنى جەمئىيىتىنىڭ رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلدى. قىزىلسۇ قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، نۆۋەت ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ۋەتەننى، دىنىنى سۆيىدىغان تەشكىلاتلارنىڭ كۆۋرۈكلۈك ۋە ۋاستىلىك رولى جارى قىلدۇرۇلدى.

ۋاڭ پىڭ

## «ئىسلام دىنىدىكى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تالىپلارنى يېتەكلەپ تەربىيىلەشكە تەشكىللەش توغرىسىدىكى پىكىر» تارقىتىلدى

ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى، ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر دىن - ئىشلىرى كومىتېتى بىرلىكتە 1999 - يىل 12 - ئايدا «ئىسلام دىنىدىكى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تالىپ (موللا) لارنى يېتەكلەپ تەربىيىلەشكە تەشكىللەش توغرىسىدىكى پىكىر» نى تارقاتتى. بۇ پىكىردە ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ تالىپ (موللا) لارنى يېتەكلەپ تەربىيىلەش، تالىپ (موللا) لارنى قوبۇل قىلىش شەرتلىرى، تەربىيىلەش، دەرس ئۆتۈش، سىياسىي ئۆگىنىش ئەھۋالى قاتارلىق جەھەتلەردە كونكرېت بەلگىلىمىلەر بەلگىلەندى.

مەردان

## دىنىي سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا يېتەكلەش توغرىسىدىكى مۇھاكىمە پائالىيىتى

ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى 1999 - يىل 2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، ش ئۇ ئا ر پارتىيە مەكتىپى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلاردىكى مۇتەخەسسىس، ئالىملارنى دىنىي سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا يېتەكلەش توغرىسىدىكى مۇھاكىمە پائالىيىتىنى ئېلىپ بېرىشقا ئۇيۇشتۇردى. مۇھاكىمە ئارقىلىق دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى، مۇمكىنچىلىكى ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنى، ئۇسۇلى، يوللىرى توغرىسىدا ئېنىق تونۇش ھاسىل قىلىندى، دىن خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش جەھەتتە يېڭى تەسەۋۋۇر بارلىققا كەلتۈرۈلدى.

لى باۋمىن

## ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتى

ش ئۇ ئا ر ئىسلام دىنى جەمئىيىتى 1999 - يىلى پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

1. كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق دىنىي زاتلار، دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاممىغا قارىتىلغان تەشۋىقات، تەربىيە سالمىقى ئاشۇرۇلدى. ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەرگە پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ چوڭ - چوڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋاقتىدا ئۇقتۇرۇپ تۇرۇلدى. ش ئۇ ئا ر مىللەت، دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتتۇرا ياش، ياش دىنىي خىزمەتچىلەرنىڭ باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەن چاغدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش كۇرسى، ھەج قىلغۇچىلارنى تەربىيىلەش كۇرسىنى ئۇيۇشتۇرۇشىغا ياردەم بېرىلدى، «تۆتنى قوغداش» ۋە ۋەتەننى، دىنىنى سۆيۈش ئېسىل ئەنئەنىسى توغرىسىدىكى تەشۋىقات، تەربىيە كۈچەيتىلدى، ئاپتونوم رايوندىكى دىنىي زاتلارنىڭ دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش سۆھبەت يىغىنى، دىنىي زاتلارنىڭ «فالۇن ئەقىدىسى» نى تەنقىد قىلىش سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

2. چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىنىپ، ئاساسىي قاتلام ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرىگە بولغان يېتەكچىلىك كۈچەيتىلدى. جەمئىيەت مەسئۇللىرىنىڭ باشچىلىقىدا تەشكىل قىلىنغان تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى تۇرپان، قۇمۇل، خوتەن، قىزىلسۇ، سانجى، قەشقەر، ئاقسۇ قاتارلىق

ۋىلايەت، ئوبلاستلارغا بېرىپ، ئاساسىي قاتلام ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشى، دىنىي ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچىلەرنى تەربىيىلەش، ھەج قىلىشتىن ئىلگىرىكى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، مەسچىتلەرنىڭ ئۆزىنى ئۆزى بېقىشى، قوش «بەشتە ياخشى» لارنى باھالاپ تەقدىرلەش پائالىيىتى ئۈستىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئىسلام دىنى جەمئىيىتى خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى.

3. ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى كومىتېتى ۋەز ئېيتىش مەزمۇنىنى قېلىپلاشتۇرۇش يۈزىسىدىن مەشھۇر دىنىي زاتلار ۋە مۇتەخەسسىس، ئالىملارنى تەكلىپ قىلىپ، 100 گە يېقىن ۋەز ئېيتىش تېزىسىدىن 45 نى تاللاپ كىتاب ئىشلەشنى ئۇيۇشتۇردى. «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ ئۇيغۇرچىسى، 2000 - يىللىق ئىسلام كالېندارىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش ۋە تارقىتىش خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى.

4. دىنىي زاتلار، ئىسلام ئىنستىتۇتى ئوقۇغۇچىلىرىدىن 11 كىشى مەملىكەتلىك ۋە خەلقئارا «قۇرئان» نى قىرائەت قىلىش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىشقا تاللاپ ئەۋەتىلدى، 5 نەپەر دىنىي زات جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتى، مىسىردىكى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىلدى.

ۋاڭ يىڭ

## 5 - تۈركۈم دىنىي زات ئىچكىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە ئەۋەتىلدى

ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى تەشكىللىگەن، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جو جېنجۇڭ ئۆمەك باشلىقى بولغان 5 - تۈركۈم ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ ئېكسكۇرسىيە قىلىش، كۆزدىن كەچۈرۈش ئۆمىكى 1999 - يىل 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە بېيجىڭ، تيەنجىنلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى ۋە كۆزدىن كەچۈردى. ئۆمەك ئاپتونوم رايوندىكى خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، قىرغىز، موڭغۇل، تاجىكتىن ئىبارەت 7 مىللەتتىن بولغان، ئىسلام دىنىغا، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان 20 نەپەر ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتتىن تەشكىل قىلىندى. ئېكسكۇرسىيە، كۆزدىن كەچۈرۈشكە بارغان دىنىي ساھەدىكى زاتلار ۋەتەنپەرۋەرلىك، سوتسىيالىزم ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىگە ئىگە بولدى.

غالىپ

## 10 - ئەۋلاد گېگەن گۇڭچىڭنى تەربىيىلەش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ غەمخورلۇقى ئاستىدا، 10 - ئەۋلاد گېگەن گۇڭچىڭنىڭ دېئېيجيۇبېينىڭ گېگەنلىك سەلتەنىتىدە ئولتۇرۇش مۇراسىمى 1994 - يىل 7 - ئاينىڭ 3 - كۈنى خېجىڭ ناھىيىسىنىڭ بالغۇنتاي بازىرىدىكى سېرىق ئىبادەتخانىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلگەنىدى. ئۇنى ۋەتەننى، دىننى سۆيىدىغان، بىلىمى مول دىنىي زات قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىش بىرلىك سەپ، دىن خىزمىتىدىكى بىر چوڭ ئىش ئىدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى بىرلىك سەپ بۆلۈمى، گوۋۇيۈەن دىن ئىدارىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر بۇددا دىنى جەمئىيىتى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى ۋە بايىنغولىن ئوبلاستلىق دىن ئىدارىسى گەنسۇ ئۆلكىلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى، دىن ئىدارىسى بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، 10 - ئەۋلاد گېگەن گۇڭچىڭنى گەنسۇدىكى لابۇلىڭ ئىبادەتخانىسىغا ئۆگىنىشكە ئەۋەتىشنى قارار قىلدى.

خېجىڭ ناھىيىسىدە پات ئارىدا بىلىم ئېلىش ئۈچۈن يىراق جايغا سەپەر قىلىدىغان 8 ياشلىق 10 - ئەۋلاد گېگەن گۇڭچىڭنى ئۇزىتىپ قويۇش يۈزىسىدىن 1999 - يىل 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى داغدۇغىلىق مۇراسىم ئۆتكۈزۈلدى. ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر بۇددا دىنى جەمئىيىتى مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ تەبرىكلىدى. 10 - ئەۋلاد گېگەن گۇڭچىڭنىڭ ئۆگىنىش ۋاقتى 10 يىل بولىدۇ، ئۇ نوم ئۆگەنگەندىن سىرت، سىياسەت، موڭغۇل تىلى، خەنزۇ تىلى ۋە تەبىئىي پەن قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆگىنىدۇ.

ما شىنچىڭ، مۇيەسسەر تۇردى

## بۇددا دىنى جەمئىيىتى «گادىنجۇر نومى» نى ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن قوبۇل قىلدى

گوۋۇيۈەن دىن ئىدارىسى 1999 - يىل 10 - ئايدا ش ئۇ ئا ر بۇددا دىنى جەمئىيىتىگە «گادىنجۇر نومى» (چيەنلۇڭ نۇسخىسى) دىن 2 يۈرۈشنى تەقدىم قىلدى. ش ئۇ ئا ر بۇددا دىنى جەمئىيىتى بېيجىڭغا مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ، بۇ نومنى ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن قوبۇل قىلدى ھەمدە ئۇنىڭدىن بىر يۈرۈشنى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى چىڭچۈەن ئىبادەتخانىسىغا تەقدىم قىلدى. ئاپتونوم رايوندىكى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئامما پارتىيىنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاممىغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكىگە چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن قوبۇل قىلىش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى.

ما شىنچىڭ

## ھەج قىلىش ئىشىنى باشقۇرۇش خىزمىتى

1999 - يىللىق شىنجاڭ ھەج قىلغۇچىلار ئۆمىكى 1034 ئادەمدىن تەركىب تاپتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 717، ئايال 283؛

ئۇيغۇر 730، خۇيزۇ 231، باشقا مىللەتلەر 39. ھەج قىلغۇچىلار ئۈمىكى قارىمىقىدا 9 شۆبە ئۆمەك تەسىس قىلىندى، ئۇلار 3 - ئاينىڭ 4 -، 6 -، 10 -، 12 - كۈنلىرى جۇڭگو شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى ھۆددىگە ئالغان ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ، ئۈرۈمچىدىن بىۋاسىتە سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى جىددەگە قاراپ ئۇچتى. ھەج قىلغۇچىلار سەئۇدى ئەرەبىستانىدا 36 كۈن تۇرۇپ، ھەج تاۋاب ئىشلىرىنى تاماملىغاندىن كېيىن، 4 - ئاينىڭ 9 -، 11 -، 15 -، 18 - كۈنلىرى رېتى بىلەن قايتىپ، ھەج قىلىش ۋەزىپىسىنى ئوڭۇشلۇق ئورۇندىدى.

ۋاڭ يىلى

# نىكاھ، دەپنە ئىشلىرى

## نىكاھ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا 182 مىڭ 615 جۈپ ئەر - ئايالنىڭ نىكاھ رەسمىيىتى بېجىرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە نىكاھلانغانلار 156 مىڭ 507 جۈپ (يارىشۋالغان 3578 جۈپ ئەر - ئايالمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، نىكاھتىن ئاجراشقانلار 26 مىڭ 138 جۈپ. مەلۇماتقا قارىغاندا، سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇرەسسە قىلىپ قويۇشى، ھۆكۈم چىقىرىشى بىلەن نىكاھتىن ئاجراشقانلار 29 مىڭ 191 جۈپ ئىكەن. خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى ۋە سوت مەھكىمىلىرى ئارقىلىق نىكاھتىن ئاجراشقانلار جەمئىي 55 مىڭ 299 جۈپ بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 11 مىڭ 22 جۈپ ئاشقان. شەھەرلەردە نىكاھتىن ئاجراشقانلار سانى تۆرلەشكە يۈزلەنگەن.

1999 - يىلى 176 جۈپ ئەر - ئايالنىڭ چەت ئەلگە، تەيۋەنگە، جۇڭگو مۇھاجىرلىرىغا ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونلىرىغا چېتىشلىق نىكاھ رەسمىيىتى بېجىرىپ بېرىلدى، بۇ، 1998 - يىلدىكىدىن بىر جۈپ ئارتۇق. بىر جۈپ ئەر - ئايالنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىش رەسمىيىتى بېجىرىپ بېرىلدى.

پەن جې

## دەپنە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتى

1999 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 6 دەپنە ئىدارىسىدە 13 مىڭ 244 جەسەت كۆيدۈرۈلدى، كۆيدۈرۈلگەن جەسەت 1998 - يىلدىكىدىن 789 ى كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى شەھىرىدە كۆيدۈرۈلگىنى 6036، شىخەنزە شەھىرىدە كۆيدۈرۈلگىنى 2894، كۇيتۇڭ شەھىرىدە كۆيدۈرۈلگىنى 1251، قۇمۇل شەھىرىدە كۆيدۈرۈلگىنى 784، كورلا شەھىرىدە كۆيدۈرۈلگىنى 1325، ئاقسۇ شەھىرىدە كۆيدۈرۈلگىنى 954.

1999 - يىلى ھۆكۈمەتنىڭ مەبلەغ سېلىشى ۋە خەلق ئىشلىرى تارماقلىرىنىڭ مەبلەغ غەملىشى بىلەن شىخو شەھىرى، ساۋەن ناھىيىسى، ماناس ناھىيىسىدە تەزىيە بىلدۈرۈش، ھازىدارلار ئارام ئېلىش، ھۆسن تۈزەش - گىرىم قىلىش، جەسەتنى توڭلىتىپ ساقلاش، جەسەت كۆلى قويۇش بىر گەۋدە قىلىنغان دەپنە ئىدارىسى كەينى - كەينىدىن قۇرۇلدى.

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىشى، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىشى بىلەن خىزمەت ئىشلەش، تەزىيە بىلدۈرۈش، مېيىتنى قويۇش، قىرائەت قىلىش ئۆيى، ئاشخانا قاتارلىقلار بىر گەۋدە قىلىنغان مۇسۇلمانلار دەپنە ئىدارىسى قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قاتناش نازارىتىنىڭ 400 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىشى بىلەن 1.7 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا قەبرىستانلىق رايونى يولى ياسالدى.

1999 - يىل 4 - ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دەپنە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى، نى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى بىرقانچە بەلگىلىمىسى» نى تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. تەشۋىقات مەزگىلىدە خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ باشلامچى بولۇشى ئارقىسىدا، ئاپتونوم رايوندىكى ج خ، سودا - سانائەت، ئاخبارات قاتارلىق ئورۇنلار بىلەن بىرلىكتە ئۈرۈمچى شەھىرىدە فېئودال خۇراپاتلىق تەرغىب قىلىنىدىغان دەپنە بۇيۇملىرى ياسىلىرى، دۇكانلىرى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىنىپ، شەھەر مۇھىتى تازىلاندى.

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر باھا ئىدارىسىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ئاپتونوم رايوندىكى دەپنە مۇلازىمەت ھەققى ئۆلچىمى تەرتىپكە سېلىندى.

سۇ زىشۇ

# ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە ناھىيەلەرنىڭ قۇرۇلۇشى

## ئۈرۈمچى شەھىرى

### ئاساسىي ئەھۋالى

ئۈرۈمچى شەھىرى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان، ئۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزى. 1999 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق رايون 7، ناھىيە بىر. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 1 مىليون 589 مىڭ 158 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 430 مىڭ 776)، يېزا نوپۇسى 192 مىڭ 242؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 9.2‰، ئۆلۈش نىسبىتى 3.5‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 5.7‰. يىل ئاخىرىدىكى تېرىلغۇ يەر 53 مىڭ 870 گېكتار بولۇپ، 39 مىڭ 740 گېكتار يەرگە دېھقانچىلىق زىرائىتى تېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلغۇ كۆلىمى 19 مىڭ 250 گېكتار، ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلغۇ كۆلىمى 15 مىڭ 710 گېكتار. كىلىماتى ئوتتۇراھال مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئۈرۈمچى شەھەرلىك 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋۇ دۇنفۇ (11 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ياڭ گاڭ (11 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: نۇر بەكرى، چېن شۇيچېن (ئايال)، ليۇ جېنزې، رىشات ئەنەيتۇللا، گو لېيەنشەن (11 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابلىز پەيزۇللا؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: نيۇ يۈنزۇڭ، ۋاڭ شۇيۈەن (ئايال)، جاڭ رۇي (خۇيزۇ)، مۇرات يۇنۇس، ئەبەي سەكەي (قازاق)، يۇ داۋخۇ.

شەھەر باشلىقى: نۇر بەكرى؛ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقلىرى: جۇ ئېنلياڭ، ۋاڭ جۇڭشياۋ (خۇيزۇ)، رېن گۇاڭخۇا، سۇي جىپىڭ، گو يىكۇن، سۈن ۋېنچى، دۇ چىنرۇي (9 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ۋاڭ يۇنخې؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: ماناپقان نۇرقوجا (قازاق)، جياۋ سۇيپىڭ، زەينەپ مەخمۇت، لى جۇنفىڭ، ۋۇ جېنشۇن (خۇيزۇ)، تەلئەت مۇيدىن، شېرىپجان داموللا، جاڭ كەيخۋا، ليۇ جۈن.

### يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 785 مىليون 130 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 376 مىليون 750 مىڭ يۈەن) بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 2.2% (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) تۆۋەنلىدى. 91 مىڭ 717 توننا ئاشلىق، 11 مىڭ 391 توننا ياغلىق دان، 10 مىڭ 56 توننا قىزىلچا، 445 مىڭ 598 توننا كۆكتات ئېلىندى. 853 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، بىر يىلدا 15 مىڭ 977 توننا گۆش، 21 مىڭ 335 توننا سۈت ئېلىندى. سۇ مەھسۇلاتلىرى بېقىلغان كۆلەم 3300 گېكتار بولۇپ، 2511 توننا مەھسۇلات ئېلىندى. يېزىلاردا 81 مىليون 358 مىڭ 600 كىلوۋات سائەت توك، 7159 توننا خىمىيۋى ئوغۇت (ساپ ئوغۇتقا سۇندۇرۇلدى)، 855 توننا سۇلياۋ يوپۇق ئىشلىتىلدى. شەھەر بويىچە 238.7 گېكتار كۆلەمدىكى پارنىك ياسالدى، يېڭىلاندى ۋە ئۆزگەرتىلدى. 9400 گېكتار يەرگە كۆكتات تېرىلىپ، 390 مىڭ توننا كۆكتات ئېلىندى، 240 توننا ساپ كۆكتات بازارغا سېلىندى. 180 مىڭ قوي - كالا بوردىلىپ قولدىن چىقىرىلدى. بىر يىلدا 132 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى، 486.3 كىلومېتىر ئېرىق - ئۆستەڭ رېمونت قىلىندى، 360 يۈرۈشلەشكەن ئىنشائات ياسالدى؛ 48 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، 337 ماشىنىلاشقان قۇدۇق رېمونت قىلىندى، 81 قۇدۇق چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى؛ يېزا ئىگىلىكىدە مول ھوسۇل ئېلىش پىلانى يولغا قويۇلۇپ، مەھسۇلات قىممىتى 9 مىليون 434 مىڭ يۈەن ئاشۇرۇلدى. يىل ئاخىرىدا يېزا - بازار كارخانىسى 17 مىڭ 280 گە، كەسپكارى 55 مىڭ 196 گە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 22 مىليارد يۈەن

(1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 15 مىليارد 110 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 14% .8 ئاشتى. شەھەر بويىچە مۇئەييەن كۆلەمدىن ئېشىپ كەتكەن كارخانا 406 بولۇپ، ئۇلارنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 18 مىليارد 470 مىليون يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 12 مىليارد 310 مىليون يۈەن) گە، مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 44% .97كە يەتتى. بىر يىلدا 4 مىليارد 207 مىليون كىلوۋات سائەت توك (سانائەتتە ئىشلىتىلگەن توك 2 مىليارد 621 مىليون 380 مىڭ كىلوۋات سائەت)، 6 مىليون 606 مىڭ 500 تونىنا كۆمۈر، 2 مىليون 245 مىڭ 600 تونىنا سېمونت، 609 مىڭ 200 تونىنا خىمىيىۋى ئوغۇت، 18 مىڭ 304 تونىنا ئويغۇچى ناترىي، 297 تونىنا سوپۇن، 257 مىڭ 700 يەشىك سەرەڭگە، 41 مىڭ 490 تونىنا سۇلياۋ ياسالما، 76 مىليون 188 مىڭ 300 مېتىر رەخت، 9170 تونىنا سىر ئىشلەپچىقىرىلدى، 3 مىليون 343 مىڭ 900 تونىنا نېفىت پىششىقلاندى. 59 مىڭ 798 تونىنا ئىچىملىك - ھاراق، 1545 توننىلىق سانائەت پار قازىنى ئىشلەپچىقىرىلدى، 2656 ئاپتوموبىل ئۆزگەرتىپ ياسالدى، 11 مىڭ 897 كومبايىن، 17 مىڭ 48 تراكتور ئىشلەپچىقىرىلدى. شەھەر بويىچە ئېكسپورت سودا سوممىسى 664 مىليون دوللار (121 مىليون 260 مىڭ دوللار شەھەرگە تەۋە) غا، ئىمپورت سودا سوممىسى 361 مىليون 770 مىڭ دوللار (14 مىليون 750 مىڭ دوللار شەھەرگە تەۋە) غا يەتتى. چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالىدىغان كارخانىدىن 17سى تەستىقلاندى، بۇ كارخانىلارغا 68 مىليون 8500 دوللار مەبلەغ سېلىنغاندى، توختام بويىچە 22 مىليون 84 مىڭ 500 دوللار چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىلدى. 99، ئۇرۇمچى يەرمەنكىسىدە 10 تۈردە ئىمپورت - ئېكسپورت سودا توختامى ئىمزالاندى، ئۇنىڭ سوممىسى 48 مىليون 800 مىڭ دوللارغا يەتتى. 20 تۈردە تاشقى ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق توختامى ئىمزالاندى، بۇ تۈرلەرگە سېلىنىدىغان مەبلەغ 86 مىليون 9000 دوللار ئىدى، توختام بويىچە 31 مىليون 577 مىڭ دوللار چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىلدى. 133 ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرى ئورۇندالدى، بۇنىڭ ئىچىدە داۋالىق ئېسىل مەھسۇلاتقا چېتىشلىق تۈر 13، ئۇقتىلىق ھەمكارلىق تۈرى 120؛ بۇ تۈرلەرگە سېلىنىدىغان مەبلەغ 1 مىليارد 187 مىليون 890 مىڭ يۈەن، سىرتتىن 425 مىليون 580 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى. بىر يىلدا 107 مىڭ ساياھەتچى كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 255 مىليون 420 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى.

شەھەر بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 10مىليارد 347 مىليون 210 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 5 مىليارد 800 مىليون 580 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 2 مىليارد 303 مىليون 950 مىڭ يۈەن، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 1 مىليارد 505 مىليون 250 مىڭ يۈەن، باشقا تۈرلەرگە سېلىنغىنى 737 مىليون 430 مىڭ يۈەن. ئىش باشلانغان 7 مىليون 198 مىڭ 900 كۋادرات مېتىر ئۆي - ئىمارەت (تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 4 مىليون 752 مىڭ 900 كۋادرات مېتىر) نىڭ 3 مىليون 709 مىڭ 700 كۋادرات مېتىرى پۈتتى (تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 2 مىليون 863 مىڭ 300 كۋادرات مېتىر). شۇ يىلى 8 مىليارد 665 مىليون 330 مىڭ يۈەنلىك تۇراقلىق مۈلۈك كۆپەيدى. 739 مىڭ 700 كۋادرات مېتىر تاۋار ئۆي پۈتتى، ئۇنىڭ 602 مىڭ 100 كۋادرات مېتىرى سېتىلدى. بىر يىلدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 17 مىليارد تونىنا - كىلومېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تاشيولدا توشۇلغىنى 5 مىليارد 950 مىليون تونىنا - كىلومېتىر، تۆمۈريولدا توشۇلغىنى 10 مىليارد 965 مىليون تونىنا - كىلومېتىر، ئايروپىلاندا توشۇلغىنى 90 مىليون تونىنا - كىلومېتىر؛ يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 7 مىليارد 800 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تاشيولدا توشۇلغىنى 1 مىليارد 450 مىليون ئادەم - كىلومېتىر، تۆمۈريولدا توشۇلغىنى 3 مىليارد 170 مىليون ئادەم - كىلومېتىر، ئايروپىلاندا توشۇلغىنى 3 مىليارد 180 مىليون ئادەم - كىلومېتىر. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليارد 390 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يەتتى (بۇنىڭ ئىچىدە تېلېگرافنىڭ 1 مىليارد 296 مىليون 990 مىڭ يۈەن). تېلېفون كوممۇتاتورىنىڭ سىغىمچانلىقى 736 مىڭ 366 توچكىغا، يىل ئاخىرىدا تېلېفون ئابونېنتى 327 مىڭ 778 گە، سىمسىز چاقىرغۇ ئابونېنتى 700 مىڭ 378 گە يەتتى.

بىريىلدا تاۋارلارنىڭ سېتىۋېلىنىش سوممىسى 16 مىليارد 394 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە، سېتىلىش سوممىسى 20 مىليارد 209 مىليون 332 مىڭ يۈەن (توپ سېتىلىش سوممىسى 16 مىليارد 442 مىليون 38 مىڭ يۈەن) گە يەتتى. ئاساسىي قۇرۇلۇش خىراجىتىگە 210 مىليون 960 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىندى. سۇغۇرتا خىراجىتى كىرىمى 699 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە يەتتى (مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ 200 مىليون 110 مىڭ يۈەن، جىسمانىي سۇغۇرتىنىڭ 499 مىليون 230 مىڭ يۈەن)، 238 مىليون 930 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى (مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىدا 137 مىليون 920 مىڭ يۈەن، جىسمانىي سۇغۇرتىدا 101 مىليون 10 مىڭ يۈەن).

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | | 249 | 7.9 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 3.4 | -3.7 |
| | 2 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 91 | 5.1 |
| | 3 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 154.6 | 10.4 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (تونىنا) | | 91717 | -6.69 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 58.7 | 2.84 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 389916 | 0.98 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 219356 | 6.57 |
| تاشقى سودىنىڭ ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن دوللار) | | 102577 | 2.41 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 1106200 | 8.42 |
| شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 2365508 | 14.13 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 254870 | 6.16 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 210042 | 3.92 |

**ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 12 مىليارد 920 مىليون يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسپىنىڭ 192 مىليون يۈەن، 2 - كەسپىنىڭ 5 مىليارد 392 مىليون يۈەن، 3 - كەسپىنىڭ 7 مىليارد 336 مىليون يۈەن.**

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

شەھەر بويىچە پەن - تېخنىكا پائالىيىتى ئاپپاراتىدىن 74ى، پەن تەتقىقات ۋە ئۇنىۋېرسال تېخنىكا مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىمدىن 20 نەچچە مىڭى بار. بىر يىلدا 198 پەن - تېخنىكا تۈرى يولغا قويۇلغانىدى، 107 تۈر شۇ يىلىلا ئىقتىسادىي ئۈنۈم بەردى، ئىقتىسادىي ئۈنۈم 790 مىليون يۈەنگە، پايدا، باج 76 مىليون يۈەنگە يەتتى. 38 تۈر ئۆرۈمچى شەھىرىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپات 4، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپات 10، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپات 14، 4 - دەرىجىلىك مۇكاپات 10. «شىنجاڭ بوغدا ئاق تىۋىت ئۆچكىسىنىڭ يېڭى نەسلىنى يېتىشتۈرۈش» تۈرى دۆلەتنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

شەھەردىكى ئالىي مەكتەپ 10، ئوقۇغۇچىسى 34 مىڭ 202 (مىللىي 15 مىڭ 5)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 5178؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم 52، ئوقۇغۇچىسى 48 مىڭ 801 (مىللىي 21 مىڭ 625)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 3058؛ چوڭلار مائارىپى ئالىي مەكتىپى 19، ئوقۇغۇچىسى 34 مىڭ 43 (مىللىي 10 مىڭ 367)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 2283؛ چوڭلار مائارىپى ئوتتۇرا تېخنىكومى 27، ئوقۇغۇچىسى 28 مىڭ 911، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 2058؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 139، ئوقۇغۇچىسى 80 مىڭ 642 (مىللىي 28 مىڭ 706)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 6104؛ يېزا ئىگىلىك كەسپىي مەكتىپى 13، ئوقۇغۇچىسى 4112 (مىللىي 712)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 705؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 225، ئوقۇغۇچىسى 148 مىڭ 407 (مىللىي 45 مىڭ 81)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 8488؛ گاس - گاچىلار مەكتىپى 2، ئوقۇغۇچىسى 238 (مىللىي 54)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 74؛ بالىلار باغچىسى 174، باغچىدىكى

بالا 44 مىڭ 144 (مىللىي 6430)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 2082. بىر يىلدا كۆلىمى 179 مىڭ 522 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشى باشلاندى، 128 مىڭ 782 كۋادرات مېتىر مەكتەپ ئۆيى، 47 مىڭ 506 كۋادرات مېتىر ئوقۇتقۇچىلار تۇرالغۇ ئۆيى پۈتتى، 14 مىڭ 400 ئوقۇغۇچى يېڭى مەكتەپ ئۆيىگە، 629 ئوقۇتقۇچى يېڭى ئۆيگە كۆچتى. يىل ئاخىرىدىكى كىنو قويۇش ئورنى 65 (كىنو - تىياتىرخانا 16)، مەدەنىيەت كەسپىي ئاپپاراتى 102 (سەنئەت ئۆمىكى 10). ئاممىۋى كۇتۇپخانا 2، ساقلانغان كىتاب 1 مىليون 151 مىڭ. 63 مىليون پارچە كىتاب، 12 مىليون پارچە ژۇرنال، 180 مىليون باسما تاۋاق گېزىت نەشر قىلىندى. ۋىلايەت، شەھەر دەرىجىلىك 3 رادىئو ئىستانسىسى، 4 تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بار؛ رادىئو، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %85تىن ئاشتى. 912 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى (دوختۇرخانا 71)، 17 مىڭ 995 سەھىيە تېخنىكا خادىمى، سەھىيە ئاپپاراتلىرىدا 13 مىڭ 828 كارىۋات (دوختۇرخانىلاردىكىسى 11 مىڭ 557) بار. ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ساناتورىيىسىدىن 4ى بولۇپ، ئۇلاردا 587 كارىۋات بار. 1999 - يىلى شەھەر بويىچە 380 مەكتەپتىن 172 مىڭ 949 ئوقۇغۇچى «دۆلەتلىك تەنتەربىيىدە چېنىقىش ئۆلچىمى» بويىچە سىناقتا قاتنىشىپ، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %91.54، ئەلا بولۇش نىسبىتى %13.95 بولدى. 8 - ئاينىڭ 9 — 13 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى، ئۈرۈمچى شەھىرى كوماندىسى 118 ئالتۇن مېدال ئالدى ۋە كوللېكتىپ 1 - بولدى. مەملىكەتلىك 4 - نۆۋەتلىك شەھەرلەر ئارا ئۆتكۈزۈلگەن تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە شەھەر كوماندىسى تەنتەربىيە ئەخلاق - پەزىلىتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

## خەلق تۇرمۇشى

شەھەر بويىچە ئائىلىلەرنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 6676 يۈەنگە، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3226 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى كىشى بېشىغا 9.3 كۋادرات مېتىردىن توغرا كەلدى. تورۇبا سۈيىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى %100كە، سۇيۇقلاندۇرۇلغان نېفىت گازىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى %99.8كە، مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش كۆلىمى 12 مىليون 70 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى. بىر يىلدا 210 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى، 242 گېكتار قاقاس تاغ ۋە ھويلا - ئارام كۆكەرتىلدى، 57.39 گېكتار كۆكلەمزار كۆپەيتىلدى، ساي يولىدىكى جەنۇبتا جەنۇبىي قارلىغاچلىق ئۆتۈشمە كۆۋرۈكىدىن شىمالدا خېنەن يولى ئۆتۈشمە

كۆۋرۈكىگىچە بولغان 22.3 كىلومېتىرلىق يېشىل كارىدور پۈتۈنلەي تاماملاندى. يىل ئاخىرىدا ترانسپورت تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كوچا ئاپتوبۇسى 2824كە، يول ئۇزۇنلۇقى 479 كىلومېتىرغا، توشۇلغان يولۇچى (مىنىبۇستا توشۇلغىنىنى شۇنىڭ ئىچىدە) 614 مىليون 970 مىڭ ئادەم (قېتىم)گە يەتتى، ئاممىۋى قاتناش ئاپتوموبىلى ھەر 10 مىڭ كىشىگە 19.05 تىن توغرا كەلدى. تاكسى 6261گە يەتتى.

1999 - يىلى شەھەر تەۋەسىدىكى جۇڭشەن يولى، يەنئەن يولى، ئۆچتاش يولى، باللار پېداگوگىكا مەكتىپى يولى، شەرقىي يېڭى دېموكراتىيە يولى ۋە غەربىي تاغ مىللىيلار قەبرىستانلىقى يولىدىن ئىبارەت 14 كىلومېتىر غول يول ياسالدى ۋە ئۆزگەرتىلدى، دوستلۇق يولى بىلەن ياغاچ ماتېرىياللىرى زاۋۇتىنىڭ ئالدىدىكى يولغا يەر ئاستى ئۆتۈشمە يولى ياسالدى، خۇاڭخې يولى بىلەن ھېيجىڭ يولىغا بىردىن كۆتەرمە كۆۋرۈك سېلىندى، ئۇلار پۈتۈپ ئىشلىتىلىۋاتىدۇ. 25 كىلومېتىر سۇ تورۇبىسى ياتقۇزۇلدى، شىدۇنزى تېغىدىكى 200 مىڭ تونىلىق سۇ زاۋۇتىنىڭ سۇ ئېلىش بېشى كېڭەيتىلدى، سۇ يەتكۈزۈش غول تورۇبىسى 7000 مېتىرغا ئۇزارتىلدى، 20 مىڭ كۇب مېتىرلىق سۇ كۆلچىكىنىڭ قۇرۇلۇشى داۋاملىشىۋاتىدۇ. قىزىلتاغ بىلەن لىيۇسەن تېغىغا بىردىن 5000 كۇب مېتىرلىق سۇ كۆلچىكى ياسالدى. شەھەر رايونىغا 7.5 كىلومېتىر يۇندا تورۇبىسى ياتقۇزۇلدى. ۋېيخۇلياڭ تېرمو ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش تورى بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشىدا 6 كىلومېتىر غول تورۇبا ياتقۇزۇلۇپ، مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش كۆلىمى 1 مىليون كۋادرات مېتىر ئاشۇرۇلدى. 30 كىلومېتىر تەبىئىي گاز غول تورۇبىسى ياتقۇزۇلدى، 3 گاز قاچىلاش پونكىتى قۇرۇلدى، 1000 ئاپتوموبىل سۇيۇقلاشتۇرۇلغان گاز ۋە تەبىئىي گاز ئىشلىتىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. بىر يىلدا 268 پار قازىنى چېقىۋېتىلدى ياكى ئىشلىتىشتىن توختىتىلدى، 533 پار قازىنى چۇۋۇپ بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى. شەھەر ئەتراپىدىكى 8 سېمونت زاۋۇتىدىكى ساناپەت چاڭ - توزىنى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن 35 نۇقتا تۈزەلدى. شەھەر ھاۋاسىنىڭ سۈپىتى 3 دەرىجىدىن ياخشى بولىدىغان كۈن 1998 - يىلدىكى %57.7 تىن %71.2كە كۆپەيدى.

ئايشەم يۇنۇس

## ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونىنىڭ قۇرۇلۇشى

1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونىنىڭ تېخنىكا،

سانائەت، سودىدىن قىلغان كىرىمى 2 مىليارد 104 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 31.5%؛ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 702 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %9.12؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 230 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 15% ئاشتى. ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 71 مىليون 840 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورتتىن يارىتىلغان تاشقى پېرېۋوت 25 مىليون 960 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 51.6% ئاشتى. مالىيە كىرىمى 73 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 36.7%؛ باج 126 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 43.5% ئاشتى.

1999 - يىلى ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونىنىڭ ئاساسىي مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشىغا 26 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 0.4 كىلومېتىر يول ياسالدى، 6.41 كىلومېتىر تۇرۇبا ياتقۇزۇلدى، 11 مىڭ 500 كۋادرات مېتىر كۆكەرتمە يەر كۆپەيتىلدى؛ 22 تۈرلۈك قۇرۇلۇشتا ئىش باشلاندى، ئۇلارنىڭ كۆلىمى 121 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ، 73 مىڭ 500 كۋادرات مېتىرى پۈتتى.

1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونىدىكى قانۇنىي ئىگە كارخانا 604كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانا 48، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا كارخانىسى 147. سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليون يۈەندىن ئاشقان كارخانا 27، 10 مىليون يۈەندىن ئاشقان كارخانا 15، 100 مىليون يۈەندىن ئاشقان كارخانا بىر.

پەن جىجۈن

## ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى

1999 - يىلى ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونىنىڭ قۇرۇلغىنىغا 5 يىل بولدى. تەرەققىيات رايونى ئاساس مۇئەسسەسەلەرگە سېلىنىدىغان مەبلەغنى كۆپەيتىپ، شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ مەيدان — تەرەققىيات رايونى «ھەمراھ» مەيدانىنى پۈتكۈزدى. تەرەققىيات رايونى 1999 - يىلى «سانائەتنى ئاساس قىلىش، ئۈچ كەسىپنى باغلاشتۇرۇپ مېڭىش، ئېكسپورتنى باشلامچى، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىنى تۈرتكە قىلىش»تىن ئىبارەت تەرەققىيات تەپەككۇر يولىنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، شۇ يىلى 206 كارخانىنى تەرەققىيات رايونىغا كىرىشكە تەستىقلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالىدىغان كارخانا 7؛ تەرەققىيات رايونىغا كىرگەن كارخانىلار 1 مىليارد 261 مىليون 620 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى، بۇنىڭ ئىچىدە چەت ئەل سودىگەرلىرى سالغىنى 1 مىليون 80 مىڭ دوللار. بىر يىلدا سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 612 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە، سېتىش كىرىمى 586 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە، باج 120 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە، مالىيە كىرىمى 72 مىليون يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى تەرەققىيات رايونى ئېكسپورتتىن تاشقى پېرېۋوت يارىتىش جەھەتتە يۇقىرى ئېشىش قىممىتىنى ساقلاپ قالدى، تاشقى سودا ئېكسپورت سوممىسى 35 مىليون 590 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلار ياراتقان پېرېۋوت 25 مىليون 90 مىڭ دوللار.

★ 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرى «مەملىكەت بويىچە مەدەنىي شەھەر بەرپا قىلىش خىزمىتىدە ئىلغار شەھەر» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

ئايشەم يۇنۇس

# تىيانشان رايونى

## ئاساسىي ئەھۋالى

تىيانشان رايونى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۈرۈمچىدىكى مەركىزىي شەھەر رايونىدۇر. 1999 - يىلى رايونغا قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 12، ئاھالىلەر كومىتېتى 132، ئائىلە كومىتېتى 103. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 411 مىڭ 911 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 123 مىڭ 694)؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 10.32‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 7.7‰.

تىيانشان رايونى تەۋەسىدىكى قارلىغاچلىق ئۈرۈمچى شەھىرى بويىچە ئۆزۈندىن بۇيان مەشھۇر بولۇپ كېلىۋاتقان مەنزىرە رايونىدۇر، ئۇنىڭ كۆلىمى 200 گېكتار كېلىدۇ. 1999 - يىلى ساي يولىنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى چىملىق 26.7 گېكتار كۆپەيتىلدى، كۆكەرتىلىش نىسبىتى 78%كە يەتتى. شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇلانباي — سايئوپا — داۋانچىڭلار مەشھۇر بورانلىق بولۇپ، ئاپتونوم رايوندىكى 9 بورانلىقنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ، بۇ رايوندا ھەر يىلى سېكۇنتىغا 3 — 20 مېتىرغىچە سۈرئەت بىلەن بوران چىقىپ تۇرىدىغان ۋاقىت 5000 — 6000 سائەتكە يېتىدۇ، 1999 - يىلى 191 مىليون كىلوۋات سائەت توك چىقىرىلدى، گېنېراتورلارنىڭ سىغىمچانلىقى 69 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى. تۇز كۆل شىنجاڭدىكى مەشھۇر تۇز - شور بازىسىدۇر، ئۇ يەردە 12 مىليون توننا تۇز زاپىسى، 120 مىليون توننا شور زاپىسى بار. 1999 - يىلى 90 مىڭ توننا تۇز، 800 مىڭ توننا شور، 140 مىڭ توننا ئەلا سۈپەتلىك ناترىي سولفور ئىشلەپچىقىرىلدى.

دى. تۇز ـ شور بايلىقىدىن پايدىلىنىلىپ ئىشلەنگەن ناترىي تەركىبى ئاز تۇز، سىنكلەشتۈرۈلگەن تۇز، تۆمۈرلەشتۈرۈلگەن تۇز، كالتسىيلاشتۇرۇلغان تۇزدىن ئىبارەت 4 خىل يېڭى ساغلاملىق مەھسۇلاتى كەينى ـ كەينىدىن بازارغا سېلىندى.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ تيانشان رايونلۇق 6 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جۇ شۇەن.

13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مەمتىمىن سادىق.

رايون باشلىقى: ئەخمەتجان ئاقنىياز.

سىياسىي كېڭەش 5 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ۋاڭ ياۋشياڭ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 ـ يىلى تيانشان رايونىنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 699 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 667 مىليون يۈەن، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 32 مىليون يۈەن. ئوراقلىق مۈلۈككە 3 مىليارد 634 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 2 مىليارد 947 مىليون يۈەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 464 مىليون يۈەن، باشقا قۇرۇلۇشلارغا سېلىنغىنى 223 مىليون يۈەن. رايونغا تەۋە ئىشلەپچىقىرىش ـ تىجارەت قىممىتى 585 مىليون 374 مىڭ 500 يۈەنگە يېتىپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن 25.11%؛ پايدا 23 مىليون 453 مىڭ 300 يۈەنگە يېتىپ، 96.59% ئاشتى. رايونغا تەۋە سانائەت قوشۇلما قىممىتى 48 مىليون 580 مىڭ يۈەن بولۇپ، 14.3% ئازايدى. يىل ئاخىرىدا رايونغا تەۋە سانائەت كارخانىسى 112گە، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 1750كە يەتتى، سانائەت كارخانىلىرىدا ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئوتتۇرىچە ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 78 مىڭ 100 يۈەنگە، پايدا، باج 6200 يۈەنگە يەتتى. 13 سانائەت كارخانىسىنىڭ 23 خىل مەھسۇلاتى مەھسۇلات سۈپىتىنى ئۈنۈمۈرسال باھالاش پىلانىغا كىرگۈزۈلگەندى، بۇ مەھسۇلاتلارنىڭ 1 ـ دەرىجىلىك بولۇش نىسبىتى 96.3%، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 97.8% بولدى. بىر يىلدا تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرىدىن 3ى تاماملاندى، 6 خىل يېڭى تېخنىكا ۋە يېڭى مەھسۇلات كىرگۈزۈلدى. بىرلىشىپ تىجارەت قىلىش، ئاشقى سودا، بىرلىشىپ ئىشلەپچىقىرىش ـ بىرلىشىپ سېتىش، ئىقتىساد ـ تېخنىكا ھەمكارلىقى بويىچە 42 توختام ئىمزالاندى، توختام سوممىسى 119 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىچكى جەھەتتە بىرلەشمىلىگەن ئىقتىساد ـ تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرى 18 بولۇپ، بۇلارغا 76 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، سىرتتىن كىرگۈزۈلىدىغان مەبلەغدىن 35 مىليون 420 مىڭ يۈەن نەقلەشتى. تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 827 مىليون يۈەنگە يەتتى، يىل ئاخىرىدا تېلېفون ئابونىتى 330 مىڭغا يېتىپ، 17.68% كۆپەيدى، يانتېلېفون ئابونىتى 189 مىڭغا، سىمسىز چاقىرغۇ ئابونىتى 700 مىڭغا يەتتى. رايون بويىچە توشۇلغان يۈك 477 مىڭ 600 توننىغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 115 مىليون 311 مىڭ توننا ـ كىلومېتىرغا يەتتى.

يىل ئاخىرىدا تىزىمغا ئالدۇرغان يەككە سودا ـ سانائەتچى

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 ـ يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | | 49.3 | 8.19 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 ـ كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 0.17 | 5.36 |
| | 2 ـ كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 10.27 | 8.46 |
| | 3 ـ كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 38.88 | 8.01 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (100 مىليون يۈەن) | | 40.38 | 11.44 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 18024 | 10.81 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 15867 | 8.59 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 2 مىليارد 237 مىليون يۈەن.

12 مىڭ 930 غا يەتتى. 1998 - يىلدىكىدىن 3236سى كۆپەيدى؛ تىزىمغا ئالدۇرغان خۇسۇسىي كارخانا 1615كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تىزىمغا ئالدۇرغان مەبلىغى 1 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغىنى 434. يىل ئاخىرىغا قەدەر ھەرخىل مەھەللە مۇلازىملىق تور - نۇقتىسى 1588گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ھەقسىز مۇلازىملىق تور - نۇقتىسى 1129، ھەقلىق مۇلازىملىق تور - نۇقتىسى 459. مەھەللە مۇلازىملىق كىرىمى 12 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە، پايدا، باج 1 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە، كەسىپكار 4917گە يەتتى. 1999 - يىلى مەھەللە مۇلازىملىق تور - نۇقتىسىدىن 102 سى قۇرۇلدى، ئۇلار 4 مىليون 691 مىڭ 300 يۈەن كىرىم قىلىپ، 333 مىڭ 300 يۈەن پايدا ئالدى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

1999 - يىلى رايون بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 1264كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1999 - يىلى كۆپەيگىنى 249. رايوندىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ 7، ئوتتۇرا تېخنىكوم 8. ئوتتۇرا مەكتەپ 27 (رايونغا قاراشلىقى 3، شەھەرگە قاراشلىقى 12، زاۋۇت، كانغا قاراشلىقى 12)، ئوقۇغۇچىسى 17 مىڭ 325 (تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بۇنىڭ سىرتىدا. مىللىي 6833)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 1334. باشلانغۇچ مەكتەپ 41 (رايونغا قاراشلىقى 25، زاۋۇت، كانلارغا قاراشلىقى 16)، ئوقۇغۇچىسى 40 مىڭ 19 (رايونغا قاراشلىق باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 29 مىڭ 759). رايون بويىچە 333 تەنتەربىيە مەيدانى بار، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەنتەربىيەدە ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى 94.6%كە يەتتى. 900 ئادەم چوڭلار مائارىپى بويىچە ئىش ئورنىدا تەربىيىلەندى. بىر يىلدا چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى ئەدەبىيات - سەنئەت نومۇرلىرى 23 مەيدان (قېتىم) ئورۇنلاندى؛ 40 نەچچە قېتىم بىرلەشمە دوستلۇق كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكى، سۆھبەت يىغىنى، زېھىن سىناش مۇسابىقىسى، نۇتۇق سۆزلەش، ناخشا ئېيتىش مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزۈلدى. دۆلەت بايرىمىنى تەبرىكلەش، ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى قارشى ئېلىش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلگەن «خىسلەت لوڭقىسى» مەدەنىيەت پائالىيىتى ئوڭۇشلۇق بولدى، بۇ پائالىيەتتە 180 ئورۇن 350 نەچچە نومۇر ئورۇندىدى، بۇ نومۇرلارنى 40 نەچچە مىڭ ئادەم (قېتىم) كۆردى. رايوندىكى 12 مەھەللە مەدەنىيەت پونكىتى 59 قېتىم ساھەلەر بويىچە، 78 قېتىم رايون خاراكتېرلىك پائالىيەت ئۆتكۈزدى. مەدەنىيەت تىجارىتى قىلىدىغانلار 541گە يەتتى، قانۇنسىز دىنىي نەشر بۇيۇمى ساتىدىغان 5 ئورۇن ئېنىقلىنىپ تاقىۋېتىلدى. مەدەنىيەت بازىرى تىجارەتچىلىرى ئۈچۈن 2 قارار قانۇن - نىزام كۇرسى ئېچىلدى، ئىمتىھاندا لاياقەتلىك بولغان ئۈن - سىن بۇيۇمى تىجارەتچىلىرىگە كۇرسنامە بېرىلدى. يىل ئاخىرىدا رايون بويىچە ھەرخىل تېببىي داۋالاش ئاپپاراتى 156گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا 7، ئامبۇلاتورىيە، شىپاخانا 93، يەككە، خۇسۇسىي ئامبۇلاتورىيە 56. ئۇلاردىكى كارىۋات 180، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 880.

1999 - يىل 9 - ئايدا گوۋۇيۈەن تيانشان رايونىغا «مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ» دەپ نام بەردى. يىل ئاخىرىدا مەدەنىي كىچىك رايوندىن 50ى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇندىن 144ى، شەھەر دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇندىن 215ى، تيانشان رايونى دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇندىن 393 ى، مەدەنىي بىنا - قورۇدىن 466سى، دۆلەت دەرىجىلىك مەدەنىيلىك ساھەسىدىكى ئىلغار ئورۇندىن بىرى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىيلىك ساھەسىدىكى ئىلغار ئورۇندىن 2 سى بارلىققا كەلدى. جۇڭشەن يولى مەملىكەت بويىچە شەھەر ماگىزىنلىرىدا ساختا مال بولماسلىق بويىچە ئۈلگە كوچا بولۇپ باھالاندى. جۇڭشەن يولى، نۇرلۇق يولىغا «مەدەنىيلىكتە ئۈلگە كوچا» دەپ نام بېرىلدى.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە تارقىتىلغان مائاش سوممىسى 1 مىليارد 420 مىليون 58 مىڭ يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مائاشى 9614.8 يۈەنگە يەتتى. ئاھالىلەرنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 6672 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 5184 يۈەنگە يەتتى. تۇرمۇشى كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئوبيېكتلارغا 177 مىڭ 200 يۈەن ھېيت - بايراملىق ياردەم پۇلى تارقىتىلدى. 1000 نەچچە كىشى ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى ئوبيېكتى قىلىندى، ئۇلارغا 1 مىليون 100 نەچچە مىڭ يۈەن كاپالەت پۇلى بېرىلدى. 1 مىليون 890 مىڭ يۈەن مېيىپلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش كاپالەت پۇلى يىغىلدى، 137 مېيىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، 403 مېيىپ تەربىيىلەندى، 15 مېيىپ ساغلاملىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەشىقى قىلدى

31 مىڭ 100 كۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى 20 يول - كوچا يېڭىدىن ياسالدى ۋە ئۆزگەرتىلدى، 27 مىڭ 500 مېتىر كۆلەمدىكى 52 يول تۈزەشتۈرۈلدى. رايون بويىچە 86 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى ۋە تولۇقلاندى، كۆچەتلەرنىڭ تۇتۇش نىسبىتى 90%تىن يۇقىرى بولدى، كۆچەت تىكىلگەن كۆلەم 15.7 گېكتار كۆپەيدى. 3 باغچىمان ئورۇن بەرپا قىلىندى، كۆكەرتىشتە لاياقەتلىك بولغان ئورۇن 9 غا، يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 21.4% كە يەتتى. 18.42 كۋادرات كىلومېتىر ئىس - تۇزان تىزگىنلەنگەن

رايون ۋە 13.5 كۋادرات كىلومېتىر شاۋقۇن تىزگىنلەنگەن رايون مۇستەھكەملەندى.

يۈ شىنخۇا

# سايباغ رايونى

## ئاساسىي ئەھۋالى

سايباغ رايونى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ غەربىگە جايلاشقان. 1999 - يىلى رايونغا قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 10، ئاھالىلەر كومىتېتى 70، ئائىلە كومىتېتى 136. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 373 مىڭ 107 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 84 مىڭ 971)، بۇنىڭ ئىچىدە غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 326 مىڭ 4، دائىملىق نوپۇسقا ئېلىنمىغانلار 28 مىڭ 465؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰9.25، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰5.03. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاق تىپىدىكى يېرىم قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ سايباغ رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لۇ دېشياڭ (9 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ۋېي يى (9 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: چيەن يۈجۇ (ئايال).

رايون باشلىقى: ئابدۇسالام ئىمىر باقى.

سىياسىي كېڭەش 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: لىي كېيۇن.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى سايباغ رايونىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 250 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 8% ئاشتى. دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 38 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 13.07% ئاشتى. 1413 تونىنا ئاشلىق، 6672 تونىنا كۆكتات، 1379 تونىنا گۆش، 1200 تونىنا سۈت، 46 تونىنا تۇخۇم ئېلىندى.

رايون بويىچە 263 سانائەت كارخانىسى بار، يىللىق سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 884 مىليون 220 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 9.92% ئازىيىپ كەتتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). رايون بويىچە مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان سانائەت كارخانىلىرىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 537 مىليون 176 مىڭ يۈەن بولۇپ،

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 43.99 | 7.98 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 0.21 | 5.33 |
| 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 13.37 | -10 |
| 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 30.40 | 15.7 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (تونىنا) | 1413 | -34 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۇياق) | 74670 | 2.06 |
| دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | 3384 | -2.34 |
| ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسى (تۈمەن دوللار) | 2931 | 22.38 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (100 مىليون يۈەن) | 34.60 | 15.59 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (100 مىليون يۈەن) | 1.68 | 3.80 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (100 مىليون يۈەن) | 1.63 | 4.31 |

ئىزاھ: يەرلىك مالىيە كىرىمى باھا ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە ئەمەلىيەتتە 3.80% ئاشتى.

%25.8 ئازايدى. بىر يىلدا 240 مىليون 90 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 272 مىڭ 500 تونىنا كۆمۈر، 1 مىليون 128 مىڭ 500 تونىنا سېمونت، 17 مىڭ 48 كىچىك تراكتور، 129 مىليون 300 مىڭ تونىنا تۇرۇبا سۇيى، 257 مىڭ 900 قۇر كىيىم - كېچەك ئىشلەپچىقىرىلدى. 69 بىناكارلىق كارخانىسى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 525 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق قوشۇلما قىممىتى 428 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ ئىش باشلانغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 1 مىليون 149 مىڭ 800 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئۇنىڭ 524 مىڭ 600 كۋادرات مېتىرى پۈتتى. بىر يىلدا تۇراقلىق مۈلۈككە 2 مىليارد 403 مىليون 810 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 1 مىليارد 274 مىليون 20 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 499 مىليون 370 مىڭ يۈەن، باشقا قۇرۇلۇشلارغا سېلىنغىنى 352 مىليون 780 مىڭ يۈەن، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 277 مىليون 640 مىڭ يۈەن. 129 مىليون 490 مىڭ يۈەنلىك تۇرالغۇ ئۆي سېتىلدى. رايون بويىچە تاۋار ئۆيلەرنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %52.37 بولدى. بىر يىلدا توشۇلغان يولۇچى 5 مىليون 490 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 904 مىليون 790 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، توشۇلغان يۈك 3 مىليون 180 مىڭ تونىنىغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 553 مىليون 240 مىڭ تونىنا - كىلومېتىرغا يەتتى. ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلارنىڭ 1 مىليارد 320 مىليون يۈەنگە، غەيرىي دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلارنىڭ 2 مىليارد 98 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئېكسپورت سوممىسى 17 مىليون 600 مىڭ دوللارغا، ئىمپورت سوممىسى 11 مىليون 710 مىڭ دوللارغا يەتتى. بىر يىلدا خەلقئارا ساياھەتچىدىن 19 مىڭ 800 ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 13 مىليون 740 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى.

1999 - يىلى كۆلەملەشكەن توپ ۋە پارچە سېتىش بازىرىدىن 7 سى كۆپەيدى، ھازىر ھەرخىل بازار 77گە يەتتى، ئۇششاق تاۋارلارنى توپ سېتىش، خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرى، ئۈن - ياغ، دېھقانچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى، گۈل - گىياھ، ماشىنا - ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى ۋە ئاپتوموبىل سەپلىمىلىرى، قوغۇن - تاۋۇز - كۆكتات، ئېلېكتر سايمانلىرى، ئېلېكترون ئۈچۈرى، خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنىلىرىدىن ئىبارەت 10 چوڭ كەسپىي بازار شەكىللەندى. 24 كارخانا كۆپەيدى، دۆلەت، كوللېكتىپ، يەككە، خۇسۇسىلاردىن ئىبارەت كۆپ تەرەپلىمە ئىگىلىك بىرگەۋدىلەشتى، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت كارخانىسى 15. 1999 - يىلى رايون بويىچە يەككە سودا - سانائەتچى 13 مىڭ 257 گە يېتىپ، 1561ى كۆپەيدى؛ ئۇلارنىڭ تىزىمغا ئالدۇرغان مەبلىغى 241 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە يەتتى. خۇسۇسىي كارخانا 260 قا يېتىپ، 81ى كۆپەيدى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

رايون بويىچە ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم 24 (بۇنىڭ ئىچىدە مائارىپ تارماقلىرىدىكىسى 17)، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم 616 (بۇنىڭ ئىچىدە مائارىپ تارماقلىرىدىكىسى 545). 1999 - يىلى پەن - تېخنىكا 3 خىل خىراجىتىگە 1 مىليون 200 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىندى. بۇ رايون مەملىكەت بويىچە پەن - تېخنىكا خىزمىتىدىكى ئىلغار شەھەر رايونلىرىنى قايتا تەكشۈرۈشتىن ئۆتۈپ، «مەملىكەت بويىچە پەن - تېخنىكا خىزمىتىدىكى ئىلغار شەھەر رايونى» دېگەن نامنى ساقلاپ قالدى. رايوندىكى مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ 5، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 9، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 2385، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 771؛ مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 365. مۇستەقىل قۇرۇلغان كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 504، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 52؛ مۇكەممەل باشلانغۇچ مەكتەپ 35 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 5)، ئوقۇغۇچىسى 27 مىڭ 592، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 1494؛ باللار باغچىسى 34، باغچىدىكى بالا 12 مىڭ 457، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 902. 1999 - يىلى مائارىپقا 48 مىليون 600 مىڭ يۈەن مالىيە مەبلىغى سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە مائارىپ خىراجىتىگە ئاجرىتىلغىنى 39 مىليون 500 مىڭ يۈەن. مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشى كۆلىمى 14 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى. بۇ رايون 1999 - يىلى مەملىكەت بويىچە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ۋە 9 يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى قايتا تەكشۈرۈشتىن ئوڭۇشلۇق ئۆتتى، رايون بويىچە ياشلار ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار ئارىسىدىكى ساۋاتسىزلىقنىڭ تىزگىنلىنىش نىسبىتى %98تىن ئاشتى. بىر يىلدا 30 نەچچە خىل مەدەنىيەت پائالىيىتى، 5 تۈرلۈك چوڭ تىپتىكى ئويۇن قويۇش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى ۋە شۇنداق پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇشقا قاتنىشىلدى، 450چە نومۇر ئورۇنلاندى، بۇ نومۇرلارنى 60 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم كۆردى. سايباغ رايونى سۈرەتكە ئالغان «بۇ يەر ئۈمىدكە تولغان» ناملىق مۇزىكىلىق تېلېۋىزىيە فىلىمى مەملىكەتلىك 9 - نۆۋەتلىك «چولپانلار مۇكاپاتى» بويىچە مىس مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. تەنتەربىيىدە چېنىقىش ئۆلچىمىگە

يەتكەن ياشلار - ئۆسمۈرلەر 36 مىڭ 720 گە، ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى 87.2%كە يەتتى، بۇ رايون ئاپتونوم رايون، شەھەر بويىچە ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش خىزمىتىدە ئۇدا 12 يىل ئىلغار ئورۇن بولدى. ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە كومىتېتى رايونلۇق ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپىگە «ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونلۇق ئىشتىن سىرتقى ئەنئەنىۋى چېلىشىش مەكتىپى» دەپ نام بەردى، شۇنىڭ بىلەن بۇ مەكتەپ مۇسابىقىگە ئايرىم قاتنىشىش سالاھىيىتىگە ئېرىشتى. ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە رايون ماھىرلىرى رۇداۋچە چېلىشىشتا 3 ئالتۇن مېدال، بىر مىس مېدال ئالدى. 1999 - يىل 9 - ئايدا سايباغ رايونى ئۇدا 3 يىل «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي شەھەر رايونى» دېگەن نامغا ئېرىشتى. سايباغ رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسىگە «دۆلەت دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇن» دەپ نام بېرىلدى.

## خەلق تۇرمۇشى

رايون بويىچە يىل ئاخىرىدىكى جەمئىيەتتىكى كەسپكار 129 مىڭ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 128 مىڭ 300 بولۇپ، ئۇلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مائاشى 8780 يۈەن. شەھەر - بازارلاردىكى خۇسۇسىي كارخانىلاردا ئىشلەيدىغان كەسپكار ۋە يەككە ئەمگەكچى 20 مىڭ 900. شەھەر قۇرۇلۇشىدا 17 يول ياتتى، ئۇلارنىڭ كۆلىمى 45 مىڭ 879.74 كۋادرات مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدىكى يېڭى ياسالغان يول 9، كۆلىمى 30 مىڭ 355.94 كۋادرات مېتىر؛ ئۆزگەرتىلگەن، كېڭەيتىلگەن يول 8، كۆلىمى 15 مىڭ 523.8 كۋادرات مېتىر. 25 مىڭ كۋادرات مېتىر يول ياسالدى ۋە رېمونت قىلىندى. 64.3 گېكتار يەر كۆكەرتىلدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر 31 ئورۇن باغچىسان ئورۇن ئۆلچىمىگە، 77 ئورۇن كۆكەرتىشتە لاياقەتلىك ئورۇن ئۆلچىمىگە يەتتى؛ يامالىق تېغىدا 66.7 گېكتار يەر تۈزلىنىپ، 33.3 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 25 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى، كۆچەتلەرنىڭ تۇتۇش نىسبىتى 92% تىن ئاشتى ھەمدە 14.7 گېكتار يەردە شەھەر بويىچە ھەممىدىن ئاۋۋال تېمىتىپ سۇغىرىش يولغا قويۇلدى. ئاساسلىق يوللارنىڭ پاكىز تۇرۇش نىسبىتى، يان كوچا - يوللاردىكى ئىشمەك ئالدىلىرىدا 3نى ھۆددىگە بېرىش نىسبىتى، ئەخلەتنىڭ كۆندىلىك تۇشۇلۇش نىسبىتى 100%كە يەتتى. خالتىلىق ئەخلەتخانىدىن 103ى، سۇسىز ھاجەتخانىدىن 6سى، يۇيۇلىدىغان ھاجەتخانىدىن 3ى سېلىندى. رايون بويىچە پاكىز ئېنېرگىيە ئىشلىتىلىش نىسبىتى 95%كە يەتتى. گىلەم زاۋۇتى مەركەز قىلىنىپ، چاڭجىيالىڭ يولىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش پونكىتى قۇرۇلدى.

ئىس - تۈزان ۋە شاۋقۇننىڭ «ئىككىدە ئۆلچەمگە يېتىش» نىسبىتى 91%كە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 5% ئۆستى. يامالىق تېغىنى كۆكەرتىشكە سۇ باشلاش ۋە يۈندىنى بىر تەرەپ قىلىش قۇرۇلۇشى تۈر قىلىپ بېكىتىلىپ، مۇمكىنچىلىك چەھەتتىن دەلىللەندى ھەم دەسلەپكى لايىھە تۈزۈلدى. بۇ رايون بىر نەچچە يىل ئېكولوگىيىدە ئۈلگە كۆرسىتىش سىناق رايونى قۇرۇلۇشى قىلىش ئارقىلىق، 1999 - يىل 7 - ئايدا دۆلەت مۇھىت ئاسراش ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ، دۆلەتنىڭ رەسمىي نام بېرىشىگە مۇيەسسەر بولدى.

ئىزاھ: يۇقىرىدىكى مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان دۆلەت سانائىتى بىلەن يىللىق سېتىش كىرىمى 5 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان غەيرىي دۆلەت سانائىتىدە، سانائەت ئىقتىسادىي ئۇنۇم كۆرسەتكۈچى ستاتىستىكىلاش ئۆلچىمى قىلىندى.

لۇ يۈڭخۇڭ

# تۇدۇڭخابا رايونى

## ئاساسىي ئەھۋالى

تۇدۇڭخابا رايونى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. رايونلۇق ھۆكۈمەت بىلەن شەھەر مەركىزىنىڭ ئارىلىقى 26 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى رايونغا قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 4، ئاھالىلەر كومىتېتى 39، ئائىلە تاۋابىئاتى خىزمەت كومىتېتى 8. يىل ئاخىرىدىكى دائىملىق نوپۇس 107 مىڭ 452، كۆچمە نوپۇس 10 مىڭ 191، ئومۇمىي نوپۇس ئىچىدىكى غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 80 مىڭ 93، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 30 مىڭ 349؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 7.94‰، ئۆلۈش نىسبىتى 3.81‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 4.13‰. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى يېرىم قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ تۇدۇڭخابا رايونلۇق 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: شاڭ بيەنجياڭ.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: سۇ لۇچىڭ.

رايون باشلىقى: لۇ خەيلياڭ.

سىياسىي كېڭەش 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئابدۇراخمان قادىر.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى تۇدۇڭخابا رايونىنىڭ دېھقانچىلىق،

## خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | | 19.17 | 8.10 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 0.71 | 11.62 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 10.7 | 6.67 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 7.76 | 9.91 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 25567 | 4.23 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چوشقا (تۇياق) | | 11600 | 43.20 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان قوي (تۇياق) | | 30200 | 26.89 |
| رايون، مەھەللە كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 26023 | 23.39 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 19500 | 11.43 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 37800 | 18.13 |
| شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 106900 | 20.25 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 4073 | 24.52 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 3357 | 24.71 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 1 مىليارد 81 مىليون يۈەن. رايون، مەھەللە كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى، يەرلىك مالىيە كىرىمى، يەرلىك مالىيە چىقىمىدىن باشقىلىرى رايوندا تۇرۇشلۇق ئورۇنلارنىڭكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 148 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 100 مىليون يۈەن) گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 108 مىليون يۈەن، ئورمانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون يۈەن، چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 38 مىليون يۈەن. بىر يىلدا 13 مىڭ 19 توننا بۇغداي، 12 مىڭ 130 توننا كۆممىقوناق، 1169 توننا مېۋە، 2280 توننا گۆش، 3646 توننا سۈت ئېلىندى. دېھقانچىلىققا 18 مىليون 70 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 3069 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت (ساپ ئوغۇتقا سۇندۇرۇلدى) ئىشلىتىلدى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 198 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 2 مىليارد 110 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 6.03% ئاشتى؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 830 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 7.45% ئاشتى. 1 مىليون 19 مىڭ 500 توننا پولات، 1 مىليون 15 مىڭ 200 توننا پولات ماتېرىيال، 434 مىڭ توننا سېمونت، 320 توننا ئاچچىق سۇ، 3987 توننا سىلىقلاش مېيى، 104 مىڭ 200 ساندۇق تاختا ئەينەك ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەتتە ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئوتتۇرىچە ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 56 مىڭ 900 يۈەنگە يېتىپ، 18.79% ئاشتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 213 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 30.71%؛ قوشۇلما قىممەت 240 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2.86% ئاشتى. بىر يىلدا تۇراقلىق مۈلۈككە 786 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى (دۆلەت مەبلىغى 782 مىليون يۈەن)، بۇ مەبلەغنىڭ 76.33% ى يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە ئىشلىتىلدى، بۇنىڭدىن 530 مىليون يۈەن شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر (گورۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ 70 توننىلىق توك ئوچىقىغا ئىشلىتىلىپ، كېسەكسىمان پولات - تۆمۈر قۇيۇش ئىقتىدارى 350 مىڭ توننا ئاشۇرۇلدى. رايون بازىرى قۇرۇلۇشىغا 12 مىليون يۈەندىن ئارتۇقراق مەبلەغ سېلىندى (رايونلۇق ھۆكۈمەت سالغىنى 5 مىليون يۈەندىن ئاشىدۇ).

بىر يىلدا 15 مىڭ 700 كۋادرات مېتىر يول ياسالدى، 6200 كۋادرات مېتىر يول يۈزى رېمونت قىلىندى. تاشيولدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 156 مىليون 160 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 16 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 17.49% ئاشتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىغا ئامانەت قويۇلغان ئامانەت پۇلنىڭ قالدۇقى 716 مىليون يۈەن بولۇپ، 40.88% ئازلاپ كەتتى. ھەرخىل قەرز پۇلنىڭ قالدۇقى 3 مىليارد 969 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 20.71% كۆپەيدى. يىل ئاخىرىدا تىزىمغا ئېلىنغان يەككە سودا - سانائەتچى 1941گە، كەسپكارى 3600گە، خەلق باشقۇرۇشىدىكى كارخانا 19غا يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

يىل ئاخىرىدىكى پەن - تېخنىكا ئاپپاراتى 5، ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 5044، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 4040. 9 - ئايدا ش ئۇ ئا ر شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى تودۇڭخابا رايونىغا «شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشتىكى ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون)» دەپ نام بەردى. رايوندىكى مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ 4، باشلانغۇچ مەكتەپ 10 (9 يىللىق تۈزۈمدىكى مەكتەپ 3)، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 1208 (مىللىي 274، تۆمۈريول پەرزەنتلەر مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى بۇنىڭ سىرتىدا)، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 4662 (مىللىي 654، تۆمۈريول پەرزەنتلەر مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى بۇنىڭ سىرتىدا)، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 4702 (مىللىي 1162، تۆمۈريول پەرزەنتلەر مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى بۇنىڭ سىرتىدا). رايون بويىچە 7 تېلېۋىزىيە ئۇلاپ تارقىتىش ئىستانسىسى، رايونغا قاراشلىق بىر مەدەنىيەت سارىيى، 4 مەدەنىيەت پونكىتى بار. 12 - ئايدا تۇنجى سان 1999 - يىللىق «تودۇڭخابا رايونى يىلنامىسى» نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. رايون بويىچە 45 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 748 كارىۋات (دوختۇرخانىلاردىكىسى 666) بار، 1258 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 456. 12 - ئايدا ئاپتونوم رايون تودۇڭخابا رايونىغا «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئەلا پاكىز شەھەر (رايون)» دەپ نام بەردى؛ بۇ رايون يەنە «مەملىكەت بويىچە مەدەنىي شەھەر بەرپا قىلىش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 9011 يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا سۇغۇرتا سېستىمىسىنىڭ سۇغۇرتىلاش ھەققى كىرىمى 31 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 3240 ئادەم ئەمگەك بازىرى ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتى، 203 ئائىلىدىكى 415 ئادەم (قېتىم) شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت پۇلىدىن بەھرىمەن بولدى، ئۇلارغا ئاز كەم 140 مىڭ يۈەن كاپالەت پۇلى بېرىلدى.

## خەلق ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش

1999 - يىلى 1 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، رايوندىكى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش شارائىتى ياخشىلاندى؛ 23 مىڭ 100 كۋادرات مېتىر يول ئاسفالتلاشتۇرۇلدى ۋە رېمونت قىلىندى؛ كۆكەرتىش كۆلىمى 24.33 گېكتار كۆپەيتىلدى؛ خالتىلىق ئەخلەتخانىدىن 8ى، يۆيۈلىدىغان ھاجەتخانىدىن بىرى سېلىندى، بىرى ئۆزگەرتىلدى؛ 39 ئاھالىلەر كومىتېتىغا تېلېفون ئورنىتىپ بېرىلدى؛ رايوندا تۇرۇشلۇق ئورۇنلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، بىر ياشانغانلارنى بېقىش ئورنى سېلىندى؛ مەھەللە مۇلازىمەت تور - نۇقتىسىدىن 5ى قۇرۇلدى؛ 10 مېيىپنىڭ يەككە ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يار - يۆلەك بولۇندى، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار 10 مېيىپلار ئائىلىسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىلدى، 5 مېيىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى؛ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر زاۋۇتى رايونىدا بىر «ئۈچتە ئەلا» ئامبۇلاتورىيە قۇرۇلدى.

جياۋ جۇڭبىڭ

# شىمىگو رايونى

## ئاساسىي ئەھۋالى

شىمىگو رايونى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان. 1999 - يىلى رايونغا قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 6، ئاھالىلەر كومىتېتى 21، ئائىلە كومىتېتى 39. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 116 مىڭ 256 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 27 مىڭ 744)، دائىملىق نوپۇس 112 مىڭ 74؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 9.35‰، ئۆلۈش نىسبىتى 3.54‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 5.81‰.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ شىمىگو رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: گاۋ شاڭچىڭ.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: لى رۇڭزۇڭ.

رايون باشلىقى: ۋاڭ گۇيلىن.

سىياسىي كېڭەش 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: شاۋ مېي (ئايال).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى رايوندىكى (ستاتىستىكىلىق مەلۇمات جەدۋىلى تۈزۈشنى يولغا قويغان) سانائەت كارخانىسى 103 (رايونغا قاراشلىقى 85)، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت كارخانىسى 35، كوللېكتىپ كارخانا 58، باشقا ئىگىلىكتىكى كارخانا 10. ئورۇندالغان سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 177 مىليون يۈەنگە يەتتى (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 868 مىليون يۈەن). رايون بويىچە ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت قىممىتى 334 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %15. 20 ئاشتى؛ قوشۇلما قىممەت 86 مىليون 143 مىڭ 700 يۈەنگە يېتىپ، %71. 45 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 2 - كەسىپنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 222 مىليون 738 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %37. 20، 3 - كەسىپنىڭ تىجارەت سوممىسى 113 مىليون 219 مىڭ 800 يۈەنگە يېتىپ، %70. 19 ئاشتى. يىغىلغان سودا - سانائەت بېجى 67 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %84. 37 ئاشتى. بىر يىلدا 718 مىليون 690 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 297 مىڭ توننا كۆمۈر (كانچىلىق ئىدارىسىگە قاراشلىق كۆمۈر كانلىرىنىڭ بۇنىڭ سىرتىدا)، 41 مىڭ 950 توننا پاختا يىپ، 72 مىليون 120 مىڭ مېتىر پاختا رەخت، 5804 توننا سىر، 965 توننا ساپال ياسالمىلىرى ئىشلەپچىقىرىلدى. ئۇراقلىق مۇلۇككە سېلىنغان مەبلەغ 387 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %19 ئاشتى. سىنكلانغان تۆمۈر سىم، پەسدۇر قىيامى قۇتىسى، يېڭىچە بىناكارلىق ماتېرىيالى، نەپىس خىمىيە سانائىتى بۇيۇملىرى، چاڭ - توزاننى يوقىتىش - گۈڭگۈرتسىزلەندۈرۈش قۇرۇلمىسى، مۇھىت ئاسرايدىغان - ئېنېرگىيە تېجەيدىغان پارقازان كەشىپ قىلىندى؛ مايلىق سىلاتىس، تاشكۆمۈر، سېغىز توپا، ئېلېكتر ئىستانسىدىن چىققان قۇرۇمدىن پايدىلىنىپ ساپال ئۇۋۇقى، پورخىش قاتارلىق يېڭىچە تام ماتېرىياللىرى ئىشلەش كۆلەملەشتى. «خۇالىڭ»، «قىزىلتاغ»، «خۇڭدا» قاتارلىق بىر نەچچە چوڭ بازار بىلەن «فېڭزىيۈەن» ئارامگاھى، ئۇزۇمزار، «مېيلىدۇ» قاتارلىق يېمەك - ئىچمەك، تاماشا سورۇنلىرىدا كۆلەملەشكەن تىجارەت شەكىللەندى. شىمگو سەيلىگاھى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. «خۇالىڭ» گۇرۇھى 99′ جۇڭگو غەربىي قىسىم خەلقئارا بىناكارلىق ماتېرىياللىرى يەرمەنكىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزدى، يەرمەنكىدە پۈتۈشۈلگەن سودا سوممىسى 3 مىليارد 140 مىليون يۈەنگە يەتتى. قۇرۇلۇش كۆلىمى 8910 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان، 14 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىنغان رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ مەھەللە مۇلازىمىتى بىناسىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى. ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىقى تۈرلىرىدە 19 توختامنامە ئىمزالاندى، 117 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى، تۈرلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىش نىسبىتى %90كە يەتتى. 2 تۈر ئاپتونوم رايوننىڭ «ئۈچقۇن» پىلانىغا، 2 تۈر ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ «ئۈچقۇن» پىلانىغا كىرگۈزۈلدى. بازار 12 گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن بىرى كۆپەيدى. يىل

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | | 7.43 | 7.51 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 3.39 | -3.14 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 4.04 | 26.41 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 12895 | 2.28 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 7139 | 37.79 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 7140 | 39.73 |

ئىزاھ: يۇقىرىقى سانلىق مەلۇماتلار ئىچىدە مالىيە كىرىمى بىلەن مالىيە چىقىمىدىن باشقىلىرى رايونغا تەۋە مەلۇمات. ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 418 مىليون يۈەن.

ئاخىرىدا يەككە سودا ـ سانائەتچى 4904 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن كۆپەيگىنى 753، كەسپكارى 8000 دىن ئاشتى؛ خۇسۇسىي كارخانا 194 كە يېتىپ، 51ى كۆپەيدى. بازارلاردا پۈتتۈشۈلگەن سودا سوممىسى 1 مىليارد 4 مىليون يۈەنگە يەتتى. پوچتا ـ تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 7 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە، كەسپىي تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 757 مىڭ يۈەنگە يەتتى. پروگراممىلىق تېلېفوندىن 7606 سى كۆپەيدى، ھەر 100 كىشىگە 23تىن تېلېفون توغرا كەلدى. مايامەتچىلىكتىن 1 مىليون 100 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى.

## پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

1999 ـ يىلى رايون بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا خادىمى 161گە يەتتى (پېنسىيىگە چىققانلار بۇنىڭ سىرتىدا)، بۇلارنىڭ ئىچىدە كاندىدات ئالىي دەرىجىلىكى 7. بىر يىلدا پەن ـ تېخنىكا ئىشلىرى ئۈچۈن 160 مىڭ يۈەن، 3 خىل پەن ـ تېخنىكا خىراجىتى ئۈچۈن 700 مىڭ يۈەن ئىشلىتىلدى. رايوندىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 12 (رايونغا قاراشلىقى 2)، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 727 (مىللىي 404)، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 2442 (مىللىي 1104)، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 83 (مىللىي 33)، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 266 (مىللىي 107). باشلانغۇچ مەكتەپ 9 (رايونغا قاراشلىقى 5)، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 10 مىڭ 840 (مىللىي 2625)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 635 (مىللىي 173)؛ بالىلار باغچىسى 21 (رايونغا قاراشلىقى بىر)، باغچىدىكى بالا 2842 (تەييارلىق سىنىپى ئوقۇغۇچىلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 274. بىر يىلدا مائارىپ خىراجىتى ئۈچۈن 6 مىليون 530 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئو، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100كە يەتتى. ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتى دۆلەت دەرىجىلىك تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى. شۇ يىلى 130 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش رەسىم گالېرىيىسىدىن 2 سى سېلىندى. تېببىي داۋالاش ـ سەھىيە ئاپپاراتى 104 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا 7، ساناتورىيە بىر، مەھەللىۋى داۋالاش ئاپپاراتى 52؛ كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 1536، كارىۋات 1116. يىلنىڭ بېشىدا شىمگو رايونى چىش كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش جەھەتتە سەھىيە مىنىستىرلىكىنىڭ تېلېگراممىسى ئارقىلىق تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى، شىنجاڭ بويىچە ئەڭ ئاۋۋال، ئۈرۈمچى شەھىرى بويىچە 1 ـ بولۇپ ئۆلچەمگە يەتكەن ناھىيە (رايون) بولۇپ قالدى. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىيەت پونكىتىدىن بىرى بەرپا قىلىندى. ئاپتونوم رايونلۇق ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى لوڭقىسى ’99 تەيجى گۇمپىسى، قىلىچۋازلىق مۇسابىقىسىدە، شىمگو رايونلۇق 1 ـ كوماندا 2 ـ بولدى. ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە كومىتېتى، شەھەرلىك تەنتەربىيە كومىتېتى شىمگو رايونىغا «ئاممىۋى تەنتەربىيە خىزمىتىدە ئىلغار ئورۇن» دەپ نام بەردى، شەھەرلىك ھۆكۈمەت «خىسلەت لوڭقىسى» ئاممىۋى مەدەنىيەت سەييارە ئويۇنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى بويىچە مۇنەۋۋەر تەشكىللىگۈچى ئورۇن مۇكاپاتى بەردى. 13 مىڭ 899 ئادەم «دۆلەتلىك تەنتەربىيىدە چېنىقىش ئۆلچىمى»گە يەتتى، ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى %95.6كە يەتتى.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 ـ يىلى رايون بويىچە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 8456 يۈەنگە يەتتى. مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى خىراجىتىدىن 11 مىليون 800 مىڭ يۈەن، جىسمانىي سۇغۇرتا خىراجىتىدىن 12 مىليون 23 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى، مال مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە 5 مىليون 630 مىڭ يۈەن، جىسمانىي سۇغۇرتا بويىچە 1 مىليون 984 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى ۋە چىقىم قىلىپ بېرىلدى، 617 كارخانا ياشانغاندا كۈتۈنۈش، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى، 5016 ئادەم يېڭىدىن قاتناشتى. 1200 ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، 7333 نامرات كىشى ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت سوممىسى ئالدى، 905 مىڭ يۈەن نەپىقە ۋە ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىلدى. 1220 مېتىر كېلىدىغان غەربىي ۋە شەرقىي يېڭى دېموكراتىيە يولى ياسالدى ۋە ئۆزگەرتىلدى، 821 مېتىر يۇندا يولى ياسالدى، 30 مىڭ 611 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان پاتقاقلىق تار كوچا ئوڭشالدى، 50 كوچا چىرىغى ئورنىتىلدى، يۇيۇلىدىغان ئاممىۋى ھاجەتخانىدىن 2 سى، خالتىلىق ئەخلەتخانىدىن 20 سى ياسالدى. 20 گېكتار قاقاس تاغ، 9.73 گېكتار ھويلا ـ ئارام كۆكەرتىلدى، 30 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى، قار لەيلىسى تېغىدىكى 200 گېكتار قاقاسلىقنى كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى رەسمىي باشلاندى. كۆمۈر قالىنىدىغان نورمال بېسىملىق ئىسسىق سۇ پار قازىنىدىن 51ى چېقىۋېتىلدى، يېمەك ـ ئىچمەك مۇلازىمىتى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان 186 ئوچاق، بىناكارلىق قۇرۇلۇشى ئورۇنلىرىدىكى 59 ئوچاق ئۆزگەرتىلدى. پاكىز ئېنېرگىيىنىڭ ئىشلىتىلىش نىسبىتى %91كە يەتتى. 12 ـ ئايدا دۆلەت مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى شىمگو رايونىنى 4 ـ تۈركۈم مەملىكەت بويىچە

ئېكولوگىيىدە ئۈلگە كۆرسىتىش قۇرۇلۇشىدىكى سىناق رايون دەپ تەستىقلىدى، ش ئۇ ئا ر ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى جەمئىيىتى شىمگو رايونىنى ئەلا پاكىز شەھەر رايونى دەپ باھالىدى.

## قار لەيلىسى تېغى گولف توپ مەيدانى

بۇ مەيدان شىمگو سەيلىگاھىدىكى ئارشاڭ تېغىنىڭ ئۇدۇلىدىكى قار لەيلىسى تېغىغا جايلاشقان، ئۇنى ئۈرۈمچى شەھىرى شىمگو رايونلۇق شەھەر قۇرۇلۇشى ئىدارىسى بىلەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك «شياڭپىڭ» نېفىت يېقىلغۇ چەكلىك شىركىتى ياسىغان. بۇ قۇرۇلۇشقا 230 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، كۆلىمى 233.33 گېكتار كېلىدۇ، كۆكەرتىلگەن كۆلەم 90% تىن ئاشىدۇ، بۇ قۇرۇلۇش 5 يىلدا پۈتتۈپ رەسمىي ئىشلىتىلىدۇ. بىر قارارلىق قۇرۇلۇش پۈتسە، بىر قارارلىقنى ئىشلىتىش چارىسى قوللىنىلىپ، دومىلىما شەكىلدە تەرەققىي قىلدۇرۇلىدۇ. 1999 ـ يىلى 20 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، گولف توپ مەشىق مەيدانى، 3000 مېتىر يول ياسالدى، يول بويىغا كۆچەت تىكىلدى، 3.33 گېكتار يەرگە چىم ياتقۇزۇلدى، پارچە ـ پۇرات كۆچەت تىكىلگەن يەر 1.33 گېكتارغا يەتتى، 3000 مېتىر سۇ تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلدى، ترانسفورماتور ئورنىتىلدى ۋە قىسمەن يەرگە كابېل كۆمۈلدى.

جۇ جاڭ

# يېڭىشەھەر رايونى

## ئاساسىي ئەھۋالى

يېڭىشەھەر رايونى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىغا، ئۈرۈمچى دەرياسىنىڭ كەلكۈندىن ھاسىل بولغان ئىنىما تۈزلەڭلىكىنىڭ يۇقىرى قىسمىغا جايلاشقان. 1999 ـ يىلى رايونغا قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 7 (يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا تەرەققىيات رايونى بىلەن ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى بۇنىڭ سىرتىدا)، ئاھالىلەر (ئائىلە) كومىتېتى 90. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 308 مىڭ 657 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 56 مىڭ 198)، غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 284 مىڭ 142، خەنزۇلار نوپۇسىنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 8.47‰، ئۆلۈش نىسبىتى 3‰؛ ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسىنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 10.22‰، ئۆلۈش نىسبىتى 1.87‰؛ نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 5.60‰. رايون بويىچە 1890 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 1090 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائەتلىرى تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تېپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ يېڭىشەھەر رايونلۇق 6 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ خۇاڭ.

6 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: جاۋ شىنجى (ئايال).

رايون باشلىقى: ۋاڭ فېڭلىن.

سىياسىي كېڭەش 5 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئابدۇرازاق.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 ـ يىلى رايون بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 22 مىليون 422 مىڭ 400 يۈەن (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 12 مىليون 32 مىڭ 600 يۈەن) بولۇپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن 38.12% (ئۆزگەرمەس باھا) ئازلاپ كەتتى. 7300 تونىنا ئاشلىق، 84 تونىنا ياغلىق دان، 7550 تونىنا قىزىلچا، 196 تونىنا كۆكتات ئېلىندى. 85.87 تونىنا خىمىيىۋى ئوغۇت، 30.4 تونىنا يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان سۇلياۋ يوپۇق ئىشلىتىلدى. 0.62 گېكتار ئېتىز ئۈنۈملۈك سۇغىرىلدى. بىر گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. 100 تونىنا گۆش، 960 تونىنا تۇخۇم، بىر تونىنا سۈت ئېلىندى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليارد 198 مىليون 608 مىڭ يۈەن (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 3 مىليارد 58 مىليون 579 مىڭ 500 يۈەن) گە يېتىپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن 17.25% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە رايون، مەھەللە كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 389 مىليون 223 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 335 مىليون 898 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 18.25% ئاشتى. بىر يىلدا 1972 تونىنا پاختا يىپ، 260 مىڭ بولاق سەرەڭگە، 285 تونىنا خىمىيىۋى تېببىي دورا، 4899 تونىنا خىمىيىۋى تالا، 6126 تونىنا سۇلياۋ ياسالما، 66 مىڭ 336 ساندۇق تاختا ئەينەك، 24 مىڭ 125 تونىنا ئالىيۇمىن، 11 مىڭ 897 يىغىم ماشىنىسى، 398 ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىلدى، 777 ئاپتوموبىل قۇراشتۇرۇلدى. شۇ يىلى 8 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، «بېڭكېلەي» ماركىلىق يۇقىرى ئوكسىگېنلىق مۇزلۇق سۇ زاۋۇتى قۇرۇلدى. بۇنىڭ يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 15 مىليون يۈەنگە يېتىشى مۆلچەرلەندى؛ 20 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ئاپتاپپەرەستىن ئېتىلقۇ ئىشلەش تۈرى پۈتكۈزۈلدى، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 100 مىليون يۈەنگە يېتىشى مۆلچەرلەندى؛ 40 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ،

### خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | | 34.35 | 15.64 |
| يۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 0.03 | 69.44 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 19.99 | 17.87 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 14.33 | 12.59 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (تۈمەن توننا) | | 0.73 | 12.3 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 0.27 | 42.11 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 3691 | —11.06 |
| تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى (100 مىليون دوللار) | | 0.61 | 12.14 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (100 مىليون يۈەن) | | 18.82 | 24.88 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 9371 | 15.93 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 8873 | 13.09 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 1 مىليارد 994 مىليون يۈەن. يۇقىرىقى سانلارنىڭ مالىيە كىرىمى بىلەن مالىيە چىقىمىدىن باشقىلىرى رايون تەۋەسىدە تۇرۇشلۇق ئورۇنلارنىڭكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئاليۇمىنلىق ماتېرىيال ئىشلەپچىقىرىش تۈرى پۈتكۈزۈلدى، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 80 مىليون يۈەنگە يېتىشى مۆلچەرلەندى؛ 5 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان سۇلياۋ يوپۇق ئىشلەپچىقىرىش تۈرى پۈتكۈزۈلدى، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 16 مىليون يۈەنگە يېتىشى مۆلچەرلەندى؛ 11 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، «تيەنجى» دېگەن ساھىلى ئېلېكتر سايمانلىرى تۈرى پۈتكۈزۈلدى، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليون يۈەنگە يېتىشى مۆلچەرلەندى. 190 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، بىر ماشىنا - ئېلېكتر بازىرى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ يىللىق كىرىمى 62 مىليون يۈەنگە يېتىدۇ. 1999 - يىلى جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 1 مىليارد 525 مىليون 880 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ كىرگۈزۈلگەن تۈرلەردىن سوممىسى 1 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغىنى 26گە، كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 1 مىليارد 849 مىليون يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 867 مىليون 940 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 10 مىليون 483 مىڭ 200 يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 71 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە، پروگراممىلىق تېلېفون 165 مىڭ 674 توچكىغا، بازار سودىسىدا پۈتتۈشۈلگەن سوممىسى 303 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ساياھەتچىلىكتىن 27 مىليون 190 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

رايون بويىچە ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان پەن تەتقىقات يۇرتى ۋە ئورنىدىن 28 ى، شەھەرگە قاراشلىق پەن تەتقىقات يۇرتى ۋە ئورنىدىن 8ى، ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمىدىن 1569ى بار. بىر يىلدا پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىغا دائىر 14 يېڭى تۈر يولغا قويۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر دەرىجىلىك تۈر 3. مەھسۇلات قىممىتى 29مىليون يۈەن، پايدا، باج 4 مىليون 580 مىڭ يۈەن ئاشتى. رايوندىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 22، ئوقۇغۇچىسى 9915 (مىللىي 1981)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 884 (مىللىي 162)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 29، ئوقۇغۇچىسى 23 مىڭ 214 (مىللىي 4088)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 1390 (مىللىي 229). مائارىپ ئىشلىرىغا 6 مىليون 790 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

يېڭىشەھەر رايونى شىنجاڭ بويىچە ساپا ماتارىيى سىناق قىلىنىدىغان رايون قىلىنىدى ھەمدە دۆلەتنىڭ ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتى ۋە «تەجرىبە ئوقۇتۇشىنى ئومۇملاشتۇرغان ناھىيە»لەرنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتتى. رايون بويىچە 619 مەدەنىيەت تىجارەتچىسى بار. رايون تەۋەسىدە 5 چوڭ دوختۇرخانا (رايوندا تۇرۇشلۇق ئورۇنلارنىڭ 100 دىن ئارتۇق كارىۋىتى بار دوختۇرخانىلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 2081 كارىۋات، 2282 كەسپىي تېخنىكا خادىمى، 48 يەككە داۋالاش ئورنى بار. يېڭىشەھەر رايونى مەھەللە مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە خىزمىتىدە ئاپتونوم رايون بويىچە ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ئورۇن بولدى. 4 مەھەللە مەدەنىيەت پونكىتى ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاھىدە دەرىجىلىك مەدەنىيەت پونكىتى ئۆلچىمى بويىچە، بىرى 1 ـ دەرىجىلىك ئۆلچەم بويىچە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 ـ يىلى رايون بويىچە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مائاشى 8624 يۈەنگە يەتتى. رايوندا شەھەر دەرىجىلىك ۋە رايون دەرىجىلىك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش فوندى تەسىس قىلىندى. ئىككى دەرىجىلىك مالىيەدىن ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى ئۈچۈن 26 مىليون 880 مىڭ يۈەن خەجلىنىپ، شەھەرگە قاراشلىق دۆلەت كارخانىلىرىدا ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش خىراجىتىنى %100 كاپالەتلەندۈرۈلدى ھەمدە شەھەر بويىچە ياشانغاندا كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا بىر تۇتاش قاتناشقان كارخانىلاردىكى دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىملارنىڭ ياشانغاندا كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىنىڭ ۋاقتى ـ ۋاقتىدا، تولۇق تارقىتىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. 290 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت پۇلى تارقىتىلدى. مۇھتىنىڭ بۇلغىنىشىنى ئوڭشاش ئۈچۈن، 148 چاي، مۇنچا قازىنى بىكار قىلىندى، يېمەك ـ ئىچمەك مۇلازىمىتىگە ئىشلىتىلىدىغان 530 ئوچاق ئۆزگەرتىلدى. 42.39 كۋادرات كىلومېتىر ئىس ـ تۇزان تىزگىنلەنگەن رايون بەرپا قىلىندى ۋە مۇستەھكەملەندى؛ 10.74 كۋادرات كىلومېتىر شاۋقۇننى تىزگىنلەشتە ئۆلچەمگە يەتكەن رايون بەرپا قىلىندى. بېيجىڭ يولىغا 2 كۆتەرمە كۆۋرۈك سېلىندى، ياغاچ ماتېرىياللار زاۋۇتىدىكى ئۆچ ئاچا يولغا يەر ئاستى ئۆتۈشمە يولى ياسالدى، بۇيۇلىدىغان ئاممىۋى ھاجەتخانىدىن 3ى سېلىندى. 29 مىڭ 253 تۈپ كۆچەت تىكىلدى، كۆكەرتىلگەن كۆلەم 6.38 گېكتار كۆپەيتىلدى، 4 ئورۇن باغچىلاشتۇرۇلدى، 7 ئورۇن كۆكەرتىشتە لاياقەتلىك بولدى. رايوننىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %30.38كە يەتتى. خالتىلىق ئەخلەتخانىدىن 188ى سېلىنىپ، رايون بويىچە خالتىلىق ئەخلەتنىڭ يىغىۋېلىنىش نىسبىتى ئاساسىي جەھەتتىن %100كە يەتكۈزۈلدى. يېڭىشەھەر رايونى ئۇدا 3 يىل ئاپتونوم رايون بويىچە سەھىيە خىزمىتىدە قىزىل بايراقدار شەھەر رايونى دېگەن نامنى ساقلاپ كەلدى.

☆ 7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى يېڭىشەھەر رايونى تەۋەسىدىكى شىمالىي ۋوگزال رايونىدا شىنجاڭ بويىچە تۇنجى كۆچمە نوپۇسلارنىڭ خەت ـ خالتىسىنى قوبۇل قىلىش ـ تارقىتىش پونكىتى قۇرۇلدى.

☆ 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى شەرقىي قەشقەر يولىدىكى ئۆزگىچە سەيلىگاھ پۈتۈپ ئېچىۋېتىلدى.

لى زومىن

# نەنشەن كان رايونى

## ئاساسىي ئەھۋالى

نەنشەن كان رايونى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ دەل جەنۇبىغا جايلاشقان. رايونلۇق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاي بىلەن شەھەر مەركىزىنىڭ ئارىلىقى 240 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 ـ يىلى رايونغا قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 3، ئاھالىلەر كومىتېتى 11. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 15مىڭ 266 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 1111)؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰6.61، ئۆلۈش نىسبىتى ‰2.71، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰3.9. كىلىماتى ئىچكى قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

رايون تەۋەسىدە قېزىلما بايلىق مول، كۆمۈرنىڭ سانائەت زاپىسى 530 مىليون توننىغا يېتىدۇ؛ ھاك تېشىنىڭ تارقىلىشى كەڭ، سۈپىتى يۇقىرى، زاپىسى كۆپ بولۇپ، شىنجاڭ سېمونت زاۋۇتى بىلەن شىنجاڭ ھەربىي رايون سېمونت زاۋۇتىنىڭ ئاساسلىق كان مەنبەسىدۇر؛ يەنە تۆمۈر، مىس، ئوتقا چىدامىلىق توپا، مىنېرال سۇ قاتارلىق بايلىقلار بار. رايون تەۋەسىدە 20 كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق ھازىرقى زامان مۇزلۇقى بار. ئالغۇي دەرياسىنىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارى 114 مىليون كۇب مېتىرغا، جىلغىلاردىكى ئىككىلەمچى ئورمان كۆلىمى 1333 گېكتارغا، ھەرخىل ياغاچ ماتېرىيال زاپىسى تەخمىنەن 20 مىڭ كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن 2000 مېتىر ئېگىز جايلاردىن قار سىزىقىغىچە بولغان جايلار ئىككىلەمچى سوغۇق چىملىق بەلۋاغ بولۇپ، سۈپەتلىك تەبىئىي ئوتلاقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ نەنشەن كان رايونلۇق 5 ـ نۆۋەتلىك

كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: شۇ بىن.

7 - ئوۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ۋاڭ جىنفاڭ.

رايون باشلىقى: شۇ بىن.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى رايون بويىچە سانائەت قوشۇلما قىممىتى 63 مىليون يۈەن بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن %10.2 تۆۋەنلەپ كەتتى. تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ ئەسلى قىممىتى 350 مىليون يۈەنگە، ھەرخىل سودا - سانائەتچى نەچچىگە، ھەرخىل تاۋارلارنىڭ ئىستېمال سوممىسى 12مىليون يۈەنگە، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 2 مىليون يۈەنگە يەتتى، پروگراممىلىق تېلېفون 600 توچكىدىن ئاشتى.

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 6554 | -9.9 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 98 | 2.1 |
| | 2 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 6300 | -10.2 |
| | 3 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 156 | -7.4 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 0.2 | 1.8 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 1236 | -4.8 |
| شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 11202 | -6.4 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 333 | -3.17 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 621 | -13.54 |

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

1999 - يىلى رايون بويىچە ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 1800 دىن ئاشتى. رايوندىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 5، ئوقۇغۇچىسى 1050، ئوقۇتقۇچىسى 90؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 504، ئوقۇتقۇچىسى 63. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە كىرىش نىسبىتى، ئومۇملىشىش نىسبىتى، مەكتەپ پۈتتۈرۈش نىسبىتى %99.5كە يەتتى. رادىئو، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100كە يەتتى. 7 كىنوخانا، بىر ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مارىيى، 23 ۋاسكىتبول مەيدانى، 2 ئۆلچەملىك سۇ ئۈزۈش كۆلى، 6 بەدەننى ساغلاملاشتۇرۇش ئۆيى، 15 ئىشچى - خىزمەتچىلەر پائالىيەت - كۆڭۈل ئېچىش مەركىزى بار. 14 ھەرخىل تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 180 كارىۋات، 115 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى رايون بويىچە ئوتتۇرىچە پۇل كىرىمى 5500 يۈەندىن، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 4000 يۈەندىن توغرا كەلدى.

جاڭ مىڭ

# دۇڭشەن رايونى

## ئاساسىي ئەھۋالى

دۇڭشەن رايونى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان. 1999 - يىلى رايونغا قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 3، يېزا بىر. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 96 مىڭ 69 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 17 مىڭ 958)، يېزا نوپۇسى 12 مىڭ 391، ۋاقىتلىق نوپۇس 10مىڭ 115؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰40.8، ئۆلۈش نىسبىتى ‰27.3، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰13.5. رايون بويىچە 2453.3 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 1280.4 گېكتار يەر تېرىلدى (ئېگىز ئورنىغا تېرىلغىنى 88.5 گېكتار)، 635.6 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 642.1

گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى.

دۇڭشەن رايونىدا كۆمۈر، ھاك تېشى، گەج، لاتا چىنىس، مايلىق سىلانتىس، تۆمۈر رۇدىسى قاتارلىق قېزىلما بايلىقلار، 24 مىڭ 700 گېكتار تەبىئىي ئوتلاق؛ قانتېپەر، سوغىگۆل، قار لەيلىسى، مامىرانجان، رەۋەن قاتارلىق ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر؛ بۇغا، قىرغاۋۇل، تۈلكە قاتارلىق قىممەتلىك ياۋايى ھايۋانلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ دۇڭشەن رايونلۇق 3 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: چېڭ لىشيەن (ئايال).

4 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: بەكرى قادىر.

رايون باشلىقى: چېن گوچياڭ.

سىياسىي كېڭەش 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: جۇ جىڭو.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى رايون بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 12 مىليون 350 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 6.47% ئاشتى. 2727 توننا ئاشلىق، 385 توننا ياغلىق دان، 14 مىڭ 50 توننا كۆكتات ئېلىندى. دېھقانچىلىق رايونلىرىدا 8.87 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 35.87 گېكتار قاقاس تاغ كۆكەرتىلدى، 35 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى. 15 مىڭ 518 تۇياق چارۋا بورداپ قولدىن چىقىرىلدى، 571 توننا گۆش، 310 توننا سۈت، 415 پارچە كالا تېرىسى، 2976 پارچە قوي تېرىسى، 7.8 توننا قوي يۇڭى، 3 توننا چۈپۈر، 2.8 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 104 توننا ئۆي قۇشى گۆشى، 46 توننا تۇخۇم ئېلىندى. يېزىلاردا 2 مىليون 60 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 360 توننا (ناتورا) خىمىيىۋى ئوغۇت، 1.5 توننا دېھقانچىلىق دورىسى، 12 توننا سۇلياۋ يوپۇق (يەرگە يېپىلغىنى 2 توننا) ئىشلىتىلدى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ كىرىمى 125 مىليون 100 مىڭ يۈەن بولۇپ، 23% تۆۋەنلىدى.

رايوندا تەۋە ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت قىممىتى 235 مىليون 225 مىڭ 300 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا) بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 0.85% تۆۋەنلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 152 مىليون 648 مىڭ يۈەن بولۇپ، 6.83% تۆۋەنلىدى. سانائەت مەھسۇلات قىممىتىدە رايون، مەھەللە كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 67 مىليون 989 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 47.12% ئاشتى؛ يېزا - كەنت كارخانىلىرىنىڭ 44 مىليون 766 مىڭ يۈەن بولۇپ، 37.95% تۆۋەنلىدى؛ يەككە ئىرلەشمىلەرنىڭ 35 مىليون 923 مىڭ يۈەن بولۇپ، 21.01% تۆۋەنلىدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 94.66% كە يەتتى. 2 مىليون 750 توننا كۆمۈر، 593 توننا پاختا يىپ، 9416 توننا بىرىكمە ئوغۇت، 9667 ھۆججەت ئىشكاپى، 1697 توننا ئېلېكتر قوتۇپلۇق شىلىم، 3061 توننا سىر، 281 توننا تېگىق تاسمىسى، 78 مىڭ 670 كۋادرات مېتىر سۇ يۇقماس يۆگەلمە ماتېرىيال، 24 مىليون

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 12.21 | |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | 2727 | 7.9— |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | 2.6 | تەڭلەشتى |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 13822 | 29.1— |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | 33224 | 31.5 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | 7887 | 5 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | 2319 | 20.2 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | 3349 | 16.8 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 701 مىليون يۈەن.

500 مىڭ دانە خىش ئىشلەپچىقىرىلدى. 10 سانائەت تۈرى، 7 ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تۈرى، 66 مىليون 750 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى. 18 كارخانىنىڭ تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلدى، كان قېزىش باسقۇچلىرى نامۇۋاپىق 7 يېزا - بازار كۆمۈر كېنى تاقىۋېتىلدى، قېزىلمىغان كۆمۈر 300 مىڭ توننا ئازايتىلدى. رايوندا قاراشلىق سودا، يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمىتىدە سېتىش سوممىسى 41 مىليون 742 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 39.14% ئاشتى؛ بىناكارلىق - قۇراشتۇرۇش كىرىمى 10 مىليون 45 مىڭ 300 يۈەن بولۇپ، 34.37% تۆۋەنلەپ كەتتى؛ قاتناش - ترانسپورت كىرىمى 18 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 11.76% ئاشتى، تۇراقلىق مۈلۈككە 285مىليون 560 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇ يىل 267 مىليون 640 مىڭ يۈەنلىك تۇراقلىق مۈلۈك كۆپەيدى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

1999 - يىلى يېزا ئىگىلىكىدە ئىلغار تېخنىكا ۋە ئەلا سورت تەشەببۇس قىلىندى ھەم ئومۇملاشتۇرۇلدى. 113 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 7 تۈر يولغا قويۇلدى. 250 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، «خەلق» كەنتىگە 4 گېكتارلىق پەن - تېخنىكا قوللىنىشتا ئۈلگە كۆرسىتىش بېغى بەرپا قىلىندى. رايوندىكى ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 13، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 1188 (مىللىي 82)، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 2386 (مىللىي 797)، ئوقۇتقۇچىسى 332 (مىللىي 68)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 21، ئوقۇغۇچىسى 6458 (مىللىي 1703)، ئوقۇتقۇچىسى 460 (مىللىي 102)؛ بالىلار باغچىسى 10، باغچىدىكى بالا 637، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 151. بىر يىلدا كۆچمە نوپۇستىكىلەر پەرزەنتىدىن 93نىڭ يەسلىگە كىرىش مەسىلىسى، 326 سىنىڭ مەكتەپكە كىرىش مەسىلىسى ھەل قىلىندى. 30 نەچچە قىرائەتخانا، 10 كۇلۇب، 25 ئاممىۋى مەدەنىيەت - تەنتەربىيە جەمئىيىتى، 30 ئاممىۋى ئىشتىن سىرتقى مەدەنىيەت - تەنتەربىيە گۇرۇپپىسى بار. 9 دوختۇرخانا، 13 شىپاخانا، 23 ئامبۇلاتورىيە، 617 ھەرخىل كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 640 كارىۋات بار.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى رايون بويىچە جەمئىيەتتىكى كەسپكار 38 مىڭ 800گە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مائاشى 10 مىڭ 758 يۈەنگە يەتتى، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 3010 يۈەنگە يەتتى، دېھقانلارنىڭ سېلىقى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 53 يۈەن ئازايتىلدى. 69 مىليون 960 مىڭ يۈەن ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتا ھەققى، 7 مىليون 770 مىڭ يۈەن ئىشسىزلىق سۇغۇرتا ھەققى يىغىلدى، 58 مىليون 680 مىڭ يۈەن ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى سوممىسى تارقىتىلدى، ئىشسىز قالغان، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە 272 مىڭ يۈەن سۇغۇرتا سوممىسى تارقىتىلدى. قىيىنچىلىقتا قالغان 116 ئائىلىگە 149 مىڭ 90 يۈەن ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت سوممىسى، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىغا 131 مىڭ 218 يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى بېرىلدى. 10 مېيىپ مەركەزلەشتۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى، 10 مېيىپنىڭ يەككە ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈشىگە يار - يۆلەك بولۇندى. ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان 756 ئىشچى - خىزمەتچى تۇرلۇك يوللار ئارقىلىق قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

ليۇ سۇيخۇا

# ئۈرۈمچى ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

ئۈرۈمچى ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. 1999 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 18، دۆلەت چارۋىچىلىق فېرمىسى 2. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 156 مىڭ 976 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 87 مىڭ 102)، يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 121 مىڭ 326؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 11.78‰، ئۆلۈش نىسبىتى 3.21‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 8.57‰. ناھىيە بويىچە 26 مىڭ 300 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، شۇ يىلى 21 مىڭ 800 گېكتار يەر تېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 12 مىڭ 900 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئۈرۈمچى ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: پەن جيەنجۇڭ (4 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، لۇ دېشياڭ (9 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئەبەي سەكەي (قازاق، 3 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، بايمۇرات مۇقان (قازاق، 3 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ھاكىم: خەن شۇ (خۇيزۇ).

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: خەن فۇشىن.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى357 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 195 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 2% (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) ئاشتى. 53 مىڭ 700 توننا ئاشلىق، 2200 توننا ياغلىق دان، 293 مىڭ 800 توننا كۆكتات ئېلىندى. 87. 255 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 324 توننا مېۋە - چېۋە، 9908 توننا گۆش، 6399 توننا سۈت، 3. 519 توننا يۇڭ، 43 مىڭ 300 پارچە تېرە، 1003 توننا تۇخۇم ئېلىندى، 689 مىڭ 100 گۆش توخۇمى قولدىن چىقىرىلدى. سۇ مەھسۇلاتلىرى بېقىلغان كۆلەم 273 گېكتار بولۇپ، 1650 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. ئاساس مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشىغا 156 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 3. 79 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى، 3. 296 كىلومېتىر ئۆستەڭ رېمونت قىلىندى، 356 ئىنشائات يۈرۈشلەشتۈرۈلدى؛ 28 قۇدۇق قېزىلدى، 327 ماشىنىلاشقان قۇدۇق رېمونت قىلىندى. سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 23 مىليون 740 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا - بازاركارخانىسى 15 مىڭ 834 كە، كەسپكارى 50 مىڭ 249 غا، بۇ كارخانىلارنىڭ كىرىمى 3 مىليارد 339 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 305 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى شىنجاڭ نېفىت تۇرۇبىسى سەپلىمىلىرى 1 - زاۋۇتى بىلەن شىنجاڭ باجياخۇ «لىڭۈەن» تۇرۇبا چەكلىك شىركىتىگە «سۇپەتنى ئومۇمييۈزلۈك باشقۇرۇشتا ئۈلگىمگە يەتكەن كارخانا» دېگەن نام بەردى. گورۇمچى ناھىيىسىنىڭ پاي تۈزۈمىدىكى خەلق باشقۇرۇشىدىكى كارخانىسى — شىنجاڭ تەڭرىتاغ بۇغىسى چەكلىك شىركىتى مەملىكەتلىك يېزا - بازار كارخانىلىرى يەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى داۋان ئۆي - زېمىن تەرەققىيات شىركىتىگە «مەملىكەت بويىچە مەدەنىي يېزا - بازار كارخانىسى» دېگەن نام بەردى، بۇ شىركەتنىڭ باش دىرېكتورى لى جىنچاڭ بىلەن ساڭفاڭگۇ يېزا ئىگىلىك - سانائەت - سودا باش شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى جاڭ شىنيى ئاپتونوم رايون بويىچە «ئون مەشھۇر يېزا - بازار كارخانىسى باشلىقى (دىرېكتورى)» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

ناھىيە بويىچە سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 945 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | | 16.81 | 6.9 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 2.23 | 1.6 |
| | 2 - كەسپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 5.19 | 6 |
| | 3 - كەسپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 9.39 | 10.1 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (تۈمەن توننا) | | 5.37 | 9.6 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 36.82 | 1.15 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 377409 | 2.28 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 146121 | 2.08 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 63187 | 3.6 |
| شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 85252 | 8.04 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 12875 | 10.97 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 13958 | 2.97 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 807 مىليون يۈەن.

1 مىليارد 575 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 6.2% ئاشتى؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 458 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 5.1% ئاشتى. بىر يىلدا 1 مىليون 650 مىڭ 800 توننا كۆمۈر، 736 مىليون 780 مىڭ دانە خىش، 127 مىڭ 500 توننا سېمونت، 23 مىڭ900 كۇب مېتىر سېمونت قۇيۇلما، 429 مىڭ 500 توننا ھاك تېشى، 94 مىڭ 800 توننا پولات ماتېرىيال، 23 مىڭ 200 توننا فابرىكا قەغىزى ۋە قەغەز پەنەركە، 1117 توننا سۇلياۋ ياسالما، 11 مىڭ 800 توننا ئۇن، 142 توننا سۇ يېغى، 890 توننا ئىچىملىك - ھاراق، 2 مىليون 135 مىڭ 300 مېتىر رەخت، 1.461 توننا پاختا يىپ، 39 مىڭ 800 جۈپ خۇرۇم ئاياغ قاتارلىقلارنى ... كىيىم ئىشلەپچىقىرىلدى. 99، ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىدە مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن سودىگەرلەر بىلەن سىرتتىن كىرگۈزۈش، ئىچكى جەھەتتە بىرلىشىش تۈرىدىن 21ى ئىمزالاندى، يىل ئاخىرىدا بۇ تۈرلەرنىڭ 17 سى ئەمەلىيلىشىپ، 93 مىليون 460 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى. تۈرلۈك تاۋارلارنىڭ سېتىۋېلىنىش سوممىسى 143مىليون 80 مىڭ يۈەنگە، سېتىلىش سوممىسى 150 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە، پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ كىرىمى 14 مىليون 441 مىڭ 200 يۈەنگە يەتتى. 11 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىنىپ، كوممۇتاتور ئۈسكۈنىلىرىنىڭ سىغىمى 5568 توچكا، سىمسىز قوبۇللاش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ سىغىمى 24 قانال ئاشۇرۇلدى، ئارىلىق كۆچەيتىش سىستېمىسىدىن 24ى، ئۈنىڭ توك يولىدىن 720 سى كۆپەيتىلدى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 1253. «ئۇچقۇن»، «مەشئەل» پىلانلىرىغا دائىر 10 تۈر يولغا قويۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىك تۈر 3، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تۈر 4، بۇ تۈرلەرگە 158 مىليون 180 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 415 قارار پەن - تېخنىكا كۇرسى ئېچىلىپ، 27 مىڭ ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى. جۇڭگو پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ئۈرۈمچى ناھىيىسىنى ئاپتونوم رايوندىن تۇنجى تۈركۈمدە مەملىكەت بويىچە پەننى ئومۇملاشتۇرۇشتا ئۈلگە كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن تاللىغان ناھىيە قىلىپ بېكىتتى. ناھىيىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 76 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 8، قوش تىللىق مەكتەپ 13)، ئوقۇغۇچىسى 20 مىڭ 524 (مىللىي 10 مىڭ 429)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 14 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 4)، ئوقۇغۇچىسى 7835 (مىللىي 4378)؛ تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى بىر، ئوقۇغۇچىسى 112 (مىللىي 60)؛ بالىلار باغچىسى 5، باغچىدىكى بالا 1448 (مىللىي 523). ھەرخىل مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 2197 (مىللىي 1160). 28 مىليون 30 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 8710 كۋادرات مېتىر مەكتەپ ئۆيى سېلىندى، 15 مىڭ 414 كۋادرات مېتىر مەكتەپ ئۆيى رېمونت قىلىندى. «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتى ۋە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتتى. مائارىپ مىنىستىرلىكى ئۈرۈمچى ناھىيىسىنى مەملىكەت بويىچە سەنئەت مائارىپى تەجرىبە قىلىنىدىغان ناھىيە قاتارىغا كىرگۈزدى. كەنت دەرىجىلىك 8 مەدەنىيەت ئۆيى قۇرۇلۇپ، مەدەنىيەت ماتېرىياللىرى ۋە تەنتەربىيە ئۈسكۈنىلىرى سەپلەپ بېرىلدى. 60 تەبىئىي كەنتنىڭ رادىئو ئاڭلىتىش ئۆيى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، تېلېۋىزىيە ئۇلاپ تارقىتىش ئىستانسىسىدىن 4 ى قۇرۇلدى، 730 ئائىلىگە سىملىق تېلېۋىزىيە ئۇلاپ بېرىلدى. 1030 مەيدان كىنو قويۇلدى، بۇ كىنونى 301 مىڭ ئادەم (قېتىم) كۆردى. ناھىيە بويىچە 25 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 587 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 240 كارىۋات بار. ئەنەنچۈ بازىرى دۆلەت تەنتەربىيە كومىتېتى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە 100مىليون دېھقاننىڭ ساغلاملىق تەنتەربىيىسىدە ئىلغار بازار بولۇپ باھالاندى.

## خەلق تۇرمۇشى

ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ۋە كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچى 16 مىڭ 899 بولۇپ، ئۇلارغا 120 مىليون 390 مىڭ يۈەن مائاش تارقىتىلدى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3226 يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ ھەرخىل مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە سۇغۇرتىلاش سوممىسى 960 مىليون 578 مىڭ يۈەنگە، تۆلەم سوممىسى 6 مىليون 845 مىڭ 900 يۈەنگە، سۇغۇرتا خىراجىتى كىرىمى 15 مىليون 55 مىڭ 700 يۈەنگە يەتتى، ھەرخىل تۆلەم دېلوسىدىن 2068ى بىر تەرەپ قىلىندى. يىل ئاخىرىغىچە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت مەركىزىدىن 16 سى، ساھەلەر بويىچە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش مەركىزىدىن 11ى قۇرۇلدى. قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەخسۇس فوندى ئۈچۈن 559 مىڭ 400 يۈەن يىغىلدى، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش خىراجىتى ۋە ئىجتىمائىي سۇغۇرتا خىراجىتى ئۈچۈن 492 مىڭ 400 يۈەن تۆلەندى. 2800 ئادەم (قېتىم) ئىشقا

ئورۇنلىشىشقا تونۇشتۇرۇلۇپ، ئۇلاردىن 1128ى، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان 80 كىشى - خىزمەتچى، ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوملارنى پۈتتۈرگەن 134 ئوقۇغۇچى، ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان 6 كادىر ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ناھىيە بويىچە ھەربىي سەپتىن قايتىپ يېزىلاردا تۇرۇۋاتقان، 170 پېشقەدەم ھەربىيگە 326 مىڭ يۈەن تولۇقلىما ياردەم بېرىلدى. 98 مەجبۇرىيەت ئۆتىگۈچى ئەسكەرلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتىغا بېرىلىدىغان 22 مىڭ 800 يۈەن ئېتىبار پۇلى نەقلەشتۈرۈلدى. شەھەر - بازاردىكى ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت سوممىسى ئېلىشقا تېگىشلىك ئادەم 191 ئىدى، ئەمەلىيەتتە 8296 يۈەن تارقىتىلدى. ئاپەتكە ئۇچرىغانلارغا، قىيىنچىلىقتا قالغان ئائىلىلەرگە 397 مىڭ يۈەن قۇتقۇزۇش ياردەم پۇلى بېرىلدى.

☆ 6 - ئاينىڭ 14 - كۈنى يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى يىكەنكۆل كارخانا گۇرۇھىغا «مەملىكەت بويىچە يېزا - بازار كارخانىلىرىنى باشقۇرۇشتا ئىلغار ئورۇن» دەپ نام بەردى.

☆ 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى يۈگەنباڭ يېزىسىنىڭ تۈمەن مو يەرنى يۈركۈپ سۇغىرىش قۇرۇلۇشى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. بۇ قۇرۇلۇشقا 12 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى، بۇ قۇرۇلۇش ئارقىلىق 906 گېكتار يەر سۇغىرىلدى.

☆ 10 - ئايدا مەركىزىي مەدەنىيلىك كومىتېتى ئەرگۈلڭ يېزىسىنىڭ باجىياخۇ كەنتىگە «مەملىكەت بويىچە مەدەنىي كەنت» دەپ نام بەردى، خې جەنشەننى مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخس دەپ باھالىدى.

يۇ شىنخۇا

# قاراماي شەھىرى

## ئاساسىي ئەھۋالى

قاراماي شەھىرى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىي چېتىگە، جايىر تېغىنىڭ شەرقىي ئېتىكىگە جايلاشقان. 1999 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق رايون 4، مەھەللە ئىش باشقارمىسى 7، يېزا 2. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۈەننىڭ ۋە باشقا ئورۇنلارنىڭ شەھەر تەۋەسىدىكى نوپۇسى بۇنىڭ سىرتىدا) 268 مىڭ 602 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 60 مىڭ 68). يېزا نوپۇسى 2173؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 9.96‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 8.11‰. تېرىلغۇ كۆلىمى 3160 گېكتار، دېھقانچىلىق زىرائەت تېرىلغۇ كۆلىمى 1200 گېكتار. كىلىماتى تېپىك قۇرۇقلۇق تىپىدىكى كىلىماتقا كىرىدۇ.

نېفىت بىلەن تەبىئىي گاز قارامايىنىڭ ئاساسلىق تەبىئىي كان بايلىقى بولۇپ، زاپىسى كۆپ، ماي قاتلىمى تېيىز، سۈپىتى ياخشى، ئاۋىئاتسىيىدە ئىشلىتىلىدىغان كۆپ خىل ماي، تۆۋەن تېمپېراتۇرىغا ئەڭ چىدامىلىق سەلياركا ھەممە كۆپ خىل سىلىقلاش مېيى، ئەلا سۈپەتلىك ئاسفالت قاتارلىقلارنى چەككىلىگىلى بولىدۇ. بۇلاردىن باشقا تەبىئىي ئاسفالت، كۆمۈر، گەج، ھاك تېشى، شور، خۇرۇستال، قۇم - شېغىل قاتارلىق قېزىلما بايلىقلار بار. بۇنىڭ ئىچىدە ئاسفالتنىڭ گېئولوگىيىلىك زاپىسى تەخمىنەن 250 مىليون توننا كېلىدۇ. ھاك تېشى زاپىسى تەخمىنەن 400 مىليون توننا كېلىدۇ. شەھەر تەۋەسىدە ئاساسلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن جەرەن، ياۋا توشقان، ياۋا تۆگىگۈز، تۈلكە، قىرغاۋۇل قاتارلىقلار بار. يەر ئۈستى سۈيى ئاساسلىقى ئاق تېرەك دەرياسى، قاراسۇ دەرياسى ۋە ئەلكە كۆلىدىن كېلىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى 163 مىليون كۇب مېتىر؛ يەر ئاستى سۇ بايلىقى زاپىسى تەخمىنەن 1 مىليارد 720 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ، يىلىغا 17 مىليون 620 مىڭ كۇب مېتىر سۇ تارتىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قاراماي شەھىرى، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: شيې جېچياڭ؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: دەي مىڭزى (10 - ئايدا ۋەزىپىدىن يۆتكەلدى)، تاڭ جيەن، ۋاڭ يىلىن (10 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ئەزىم ئابدۇلىم، سەي جىشەن.

10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: لى جاۋجى؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: نىياز ئابدۇللا، ۋاڭ جىيۇەن، شاۋ چاڭتەن، دىڭ يۈيۈ، چېن جۈەن (ئايال).

شەھەر باشلىقى: دەي مىڭزى (10 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)؛ مۇۋەققەت شەھەر باشلىقى: تاڭ جيەن (10 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقلىرى: تاڭ جيەن (10 - ئايدا ۋەزىپىدىن يۆتكەلدى)، ۋاڭ شىنىڭ، لىن شياڭيۇ، يۈسۈپجان ئابدۇرېشىت، لىي خۇڭشيا (ئايال).

سىياسىي كېڭەش 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئىسمايىل توختى؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: يۇ چاڭيۈەن، قازىبەك بەقال (قازاق)، ليۇ شىنرۇڭ، ما چېڭرۇڭ (خۇيزۇ)، ۋاڭ باۋيۇ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى قاراماي شەھىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 125 مىليون 880 مىڭ يۈەن (ھازىرقى

### خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | | 101.99 | 7.5 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 0.39 | −27.5 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 82.74 | 9 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 18.86 | 1.1 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 2930 | 10.52 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۇمەن تۇياق) | | 4.47 | تەڭلەشتى |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (100 مىليون يۈەن) | | 11.77 | 6.21 |
| شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (100 مىليون يۈەن) | | 55.82 | 16.32 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (100 مىليون يۈەن) | | 6.93 | 23.53 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (100 مىليون يۈەن) | | 7.89 | 43.45 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 4 مىليارد 890 مىليون يۈەن.

باھا) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %6.2 (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) ئاشتى. 2930 توننا ئاشلىق، 710 توننا پاختا، 2917 توننا گۆش، 1280 توننا سۈت، 2354 توننا تۇخۇم ئېلىندى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 16 مىليارد 854 مىليون يۈەن (ھازىرقى باھا) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %4.07 ئاشتى. نېفىت سانائىتىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 15 مىليارد 696 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %1.73 ئاشتى؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 7 مىليارد 340 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %11.2 ئاشتى. 9 مىليون 62 مىڭ توننا نېفىت، 1 مىليارد 575 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئېلىندى، 5 مىليون 680 مىڭ توننا نېفىت پىششىقلاندى، چولڭ 4 خىل مەھسۇلاتنىڭ مىقدارى 3 مىليون 826 مىڭ تونىغا يەتتى، 161 مىڭ توننا ئېتىلېن ئىشلەپچىقىرىلدى. يەرلىك سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 157 مىليون يۈەن (ھازىرقى باھا) گە يېتىپ، %32.3 ئاشتى. 2000 توننا تۇز، 9200 توننا ئۇن، 1965 توننا سۇ يېغى، 9858 توننا بوتۇلكا (قۇتا) لىق ئىچىملىك سۇ، 2169 توننا سۇلياۋ ۋە سۇلياۋ ياسالما، 1130 توننا سۇۋالغۇ، 3320 توننا سىر، 110 مىليون 850 مىڭ دانە خىش، 13 مىڭ 207 توننا سېمونت قۇيۇلما، 11 مىڭ 251 توننا مېتالدىن ياسالغان بۇيۇملارنى ئوراش ماتېرىيالى ئىشلەپچىقىرىلدى.

شەھەر، ئىدارە بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە سالغان مەبلەغ 6 مىليارد 978 مىليون يۈەن بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن %7.10 تۆۋەنلەپ كەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە نېفىت ئىدارىسىنىڭ تۇراقلىق مۈلۈككە سالغان مەبلىغى 6 مىليارد 554 مىليون يۈەن، شەھەرگە قاراشلىق ئورۇنلار ۋە باشقا ئىدارە - ئورۇنلارنىڭ سالغان مەبلىغى 424 مىليون يۈەن. 1999 - يىلى نېفىت ئىدارىسى تەكشۈرۈش، ئېچىش، ماي چەككىلەش، سېتىش، نېفىت - گازنى زاپاس ساقلاش - توشۇشقا بىۋاسىتە 5 مىليارد 194 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، يىلىغا 1 مىليون 204 مىڭ 800 توننا نېفىت، 159 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى شەكىللەندۈردى. سۇ باشلاش قۇرۇلۇشىدىكى بارلىق تونېل قۇرۇلۇشى ۋە 217 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئۆستەڭنىڭ توپا قۇرۇلۇشى پۈتۈنلەي ئورۇندالدى، غەربىي غول ئۆستەڭ ۋە قېڭكىي غول ئۆستىڭى بولۇپ جەمئىي 329 كىلومېتىرلىق ئۆستەڭنىڭ ئىچكى قويۇرۇلمىسى ھەمدە قوشۇمچە قۇرۇلۇشلارنىڭ %90تىن كۆپرەكى پۈتكۈزۈلدى، شەھەرنى كېسىپ ئۆتىدىغان دەريا قۇرۇلۇشىمۇ پۈتۈنلەي ئاخىرلاشتى، غەربىي شەھەر ئەتراپى سۇ ئامبىرىنىڭ ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشىمۇ

# ئەۋزەللىككە ئىگە رايونلارنى ئالدىن راۋاجلاندۇرۇش ئاپتونوم رايوننىڭ غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتىكى بىر زور تەدبىرى

قاراماي شەھىرىنىڭ باشلىقى، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى تاڭ جيەننىڭ تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكى ئىقتىسادىي بەلۋېغىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش توغرىسىدا ئېيتقانلىرى



تاڭ جيەن ئاساسىي قاتلامدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلماقتا

مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئەۋزەل، كۈچلۈك كەسىپلەرنى يۆلەپ، ئەڭ ئەۋزەللىككە ئىگە رايونلارنى ئاۋۋال راۋاجلاندۇرۇش — ئاپتونوم رايون غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش سۆھبەت يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويغان بىر مۇھىم تەسەۋۋۇر. بۇ ھەل قىلغۇچ تەدبىر ئاپتونوم رايون 20 يىللىق ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئېچىۋېتىش ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش تەرەققىيات تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ ئېرىشكەن يېڭى تونۇش ھېسابلىنىدۇ. ئۇ، ئىدىيىۋى كۆز قاراشنىڭ بىر قېتىملىق چوڭ ئازاد بولۇشى، چوڭ بۆسۈش، شۇنداقلا، ئاپتونوم رايوننىڭ غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش پۈرسىتىنى چىڭ تۇتۇشتىكى مۇھىم تەدبىرى.

شىنجاڭنىڭ زېمىنى كەڭ، نوپۇسى شالاڭ، ھەر قايسى رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ناھايىتى تەكشىسىز، غەربىي قىسمىنى كەڭ - كۆلەمدە ئېچىش پۈرسىتى ئالدىدا، مۇبادا، يەنىلا بۇرۇنقى تەكشى تەرەققىيات يولىدا ماڭىدىغان بولساق، نەتىجە ئېرىشكەن پۈرسەتنى چىڭ تۇتالمايلا قالماستىن، بەلكى ئاپتونوم رايوننىڭ پۈتكۈل ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا تەسىر يەتكۈزۈشىمىز مۇمكىن. تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكى ئىقتىسادىي بەلۋېغى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن 20 يىلدىن كۆپرەك تەرەققىيات ئارقىلىق، ئاپتونوم رايوننىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدە بىر قەدەر زور سالماقنى ئىگىلىدى، نۆۋەتتە، بۇ ئىقتىسادىي بەلۋاغ ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىدا ئەڭ ھاياتىي كۈچكە ئىگە بىر قىسمىغا ئايلىنىپ قالدى، تېز راۋاجلىنىشنىڭ ئۇل ۋە شەرت - شارائىتىنى ھازىرلىدى. شۇڭلاشقا بۇ بىر پارچە رايوننى ئالدى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىرىپ چەت ئەل سودىگەرلىرىنى جەلپ قىلىش، ئاپتونوم رايوننىڭ پۈتكۈل ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئىنتايىن رېئال ھەم زۆرۈر ئىش بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە تامامەن ئۇيغۇن، قاراماي تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغنىڭ ئاخىرقى بۆلىكىگە

---

پۈتۈنلەي تاماملىنىپ سۇ قاچىلاندى. تەبىئىي گازدىن پايدىلىنىش قۇرۇلۇشى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. قۇتۇبى گازلىقىنىڭ تەبىئىي گازى خۇڭچيەن نېفىتلىكىگە ئۇزۇتۇلدى، قاراماي ئېلېكتر ئىستانسىسىغا گاز ئۇزۇتىدىغان 2 - قارارلىق قۇرۇلۇش سىناق تەرىقىسىدە ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. شەھەرگە قاراشلىق ئورۇنلار ۋە باشقا ئورۇنلارنىڭ سالغان مەبلەغ سوممىسى بىر قەدەر يۇقىرى ئېشىش ۋەزىيىتىنى ساقلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە يىرىك يېزا ئىگىلىكى تەرەققىياتىغا سېلىنغان مەبلەغ 110 مىليون يۈەن (نېفىت ئىدارىسى سالغان قىسمىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە)، بۇ مەبلەغ ئارقىلىق غەربىي شەھەر ئەتراپى سۇ ئايرىشتىن يېزا ئىگىلىكى تەرەققىيات رايونىدىكى غەربىي باش غول ئۆستەڭ ۋە ئاساسىي غول تورۋا، تارماق تورۋا، ئىھاتە ئورمانلىرىنى سۇغىرىدىغان ئوق تورۋىلارغىچە بولغان جەمئىي 111 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى قۇرۇلۇش - قۇراشتۇرۇش خىزمىتى تاماملاندى؛ ئاساسىي غول يولنىڭ ئۇلى، كۆۋرۈك، سۇ ئۆتكۈچلەر پۈتتۈرۈلدى؛ ئېلېكتر ئىنېرگىيە، خەۋەرلىشىش ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىدىمۇ ئىش باشلاندى. 70 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ئۇنىۋېرسال سۇ ئۇزۇش مەشىق سارىيىنىڭ ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشىمۇ پۈتكۈزۈلدى؛ تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ ئۇنىۋېرسال مەشىق

جايلاشقان بولۇپ، رايون ئورنىدىن قارىغاندا، شىمالىي شىنجاڭنىڭ مەركىزىي رايونىغا جايلاشقان، غەربىي قىسمىنى كەڭ - كۆلەمدە ئېچىش پۇرسىتى تۇرغان يەردە، بىز قارامايىنى شىمالىي شىنجاڭ رايونىدىكى مەركىزىي شەھەر قىلىپ، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغنىڭ ئەڭ جەلپكار جايى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئىمكانىيىتىگە ۋە ئىقتىدارىغا تامامەن ئىگىمىز. بىز مۇشۇنداق ئۇلۇغۋار ئىرادىگە، خاس تەبىئىي ئەۋزەللىك ۋە شەرت - شارائىتقا ئىگىمىز.

كۆپچىلىككە مەلۇمكى، قاراماي — بىر نېفىت شەھىرى، ئۇ 40 نەچچە يىللىق تەرەققىيات مۇساپىسىدە كۈچلۈك ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچ جۇغلىدى. بىز مول نېفىت، گاز بايلىقىغا ۋە زېمىن بايلىقىغا ئىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ كۆلىمى 130 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. نېفىتنىڭ ئومۇمىي بايلىق مىقدارى 6 مىليارد 900 مىليون توننا، تەبىئىي گاز بايلىق مىقدارى 123 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ. نېفىتنىڭ ھازىرغا قەدەر تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان گېئولوگىيىلىك زاپىسى 1 مىليارد 700 مىليون توننىغا يەتتى، بۇ، ئومۇمىي بايلىق مىقدارىنىڭ %24.3 ىنىلا ئىگىلەيدۇ؛ تەبىئىي گازنىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان گېئولوگىيىلىك زاپىسى 65 مىليارد كۇب مېتىر بولۇپ، ئومۇمىي بايلىق مىقدارىنىڭ %28.5 ىنىلا ئىگىلەيدۇ. دېمەك، بايلىق جەھەتتىكى يوشۇرۇن كۈچ غايەت زور، تەكشۈرۈش ئىستىقبالى كەڭ بولۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ «بىر قارا» ئىستراتېگىيىسىدە مۇھىم ئورۇنغا ئىگە. نېفىتلىكنىڭ غايەت زور يوشۇرۇن كۈچى قارامايىنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك تەرەققىياتىغا پۇختا ماددىي ئاساس سېلىپ بەرگەن. بىز شۇنداق قارايمىزكى، گەرچە نېفىت كەسپى يېڭىۋاشتىن تەشكىللەنگەندىن كېيىن، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى بىلەن نېفىتلىك شىركىتى ئايرىۋېتىلگەن بولسىمۇ، بىراق، نېفىتتىن ئىبارەت بۇ تۈپ ئاساسنى يوقىتىپ قويۇشقا قەتئىي بولمايدۇ، 2 چوڭ كارخانا ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىشى، ئورتاق راۋاجلىنىشى، شۇ ئارقىلىق پۈتكۈل قاراماي ئىقتىسادىنىڭ راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولۇشى لازىم. نۆۋەتتە، بۇ خىل يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى 2 كارخانىنىڭ ئورتاق تونۇشى بولۇپ قالدى. قاراماي يەنىلا كۈچلۈك تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى ساقلاپ كەلمەكتە.

سۇ باشلاش قۇرۇلۇشىنىڭ پۈتۈشى قارامايدىن ئىبارەت بۇ قۇرغاق چۆللۈككە جۇشقۇن ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتتى. قاراماي كەڭ يەر بايلىقىغا ئىگە، يەر ئېچىش تارىخى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدىن باشلانغان بولۇپ، پۈتكۈل رايوننىڭ كۆلىمى 9500 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئېچىپ دېھقانچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا بولىدىغان يەر كۆلىمى 133 مىڭ گېكتاردىن ئارتۇق. 1996 - يىلى قاراماي شەھەرلىك پارتكوم سۇ كەلگۈچە توغان تۇتۇپ، سۇ باشلاش قۇرۇلۇشىنىڭ يولغا قويۇلۇشىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز پەيتىدە يىرىك نېفىت، يىرىك نېفىت خىمىيە، يىرىك يېزا ئىگىلىكى، يىرىك بازاردىن ئىبارەت «4 چوڭ ئىستراتېگىيە» نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بايلىق مەنبەسى بولغان شەھەردىن ئۇنىۋېرسال شەھەرگە ئايلىنىشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك بۇرۇلۇشنى باشلىدى. «4 چوڭ ئىستراتېگىيە» نى بىر نەچچە يىل پۇختا يولغا قويۇش ئارقىلىق، بىز خۇشاللىنارلىق ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشتۇق، بولۇپمۇ نېفىتچىلىك كەسپىنى يېڭىۋاشتىن تەشكىللەش، تۈزۈلمىنى ئىسلاھ قىلىش ئارقىلىق، قاراماي ئېغىر سىناقلارغا بەرداشلىق بەردى، ئىستراتېگىيىلىك بۇرۇلۇشنى يولغا قويۇش ئىشەنچىمىز ۋە ئىرادىمىز قەتئىيلەشتى. يىرىك يېزا ئىگىلىكى ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، يىرىك يېزا ئىگىلىكىنى ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ دەسلەپكى شەكلى ئاساسىي جەھەتتىن نامايان بولدى. ئورمانچىلىق بىلەن قەغەزچىلىك بىرگەۋدىلەشتۈرۈلگەن ۋە سۈپەتلىك گۆش كالىسى بېقىش ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان يۇقىرى ئۈنۈمگە ئىگە ئېكولوگىيىلىك

سارىيىمۇ پۈتكۈزۈلۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى. مايتاغ يۇندىنى بىر تەرەپ قىلىش زاۋۇتى پۈتتى؛ دۆلەتنىڭ كۆپەيتىپ تارقاتقان زايوم مەبلىغىدىن پايدىلىنىپ قۇرۇلىدىغان قاراماي 100 مىڭ كۇب مېتىر يۇندىنى بىر تەرەپ قىلىش قۇرۇلۇشىدا پىلان بويىچە ئىش باشلاندى. كارخانىلار ئۆزى توپلىغان مەبلەغ ئارقىلىق قۇرۇلىدىغان «بودا» سودا شەھەرچىسى، «كېيىدا» سودا تەرەققىيات مەيدانى، مەبلەغ توپلاش ئارقىلىق قۇرۇلىدىغان «شەرق شامىلى» دۆلەت سودا شەھەرچىسى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

مۇشۇ يىلى شەھەر، ئىدارىگە قاراشلىق كەسپىي ترانسپورت ئورۇنلىرى توشۇغان يۈك 10 مىليون 300 مىڭ تونناغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 849 مىليون توننا - كىلومېتىرغا، توشۇلغان يولۇچى 34 مىليون 740 مىڭ ئادەم (قېتىم)گە، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 13 مىليارد 761 مىليون 150 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى. كۆچمە ئالاقىلىشىش تورى قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتى تېز بولدى، 2 - قارارلىق كېڭەيتىپ قۇرۇش ھەمدە 4000 توچكىلىق GSM كۆچمە كوممۇتاتورىنىڭ تورغا ئۇلىنىشى بىلەن قاراماي توپلاپ ئۇلاش ئىدارىسى قىلىنغان، قاراماي، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدىكى 3 كۆچمە كەسپىي يەرلىك

بىرلىك يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئومۇمىي پىلانى دەسلەپكى قەدەمدە بەلگىلەندى. بۇ خىل باشلىنىش نۇقتىسى يۇقىرى، كۆلىمى زور قۇرۇلۇش قىلىش تەسەۋۋۇرى ۋە تەرەققىيات ئەندىزىسىنى ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى كۆپ قېتىم يۇكسەك دەرىجىدە مۇئەييەنلەشتۈردى. ئىشىنىمىزكى، يەر بايلىقىنى ئونىۋېرسال ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن ئونىۋېرسال پايدىلىنىش ئارقىلىق، يەنە 10 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ياپ - يېشىل دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرغان، ئىقتىساد راۋاجلانغان، ئۇنىۋېرسال زامانىۋىلاشقان شەھەر چوقۇم كىشىلەرنىڭ ئالدىدا نامايان بولىدۇ.

قاراماي يەنە پۇختا سانائەت ئاساسى جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى ۋە ئادەم كۈچى بايلىق ئۈستۈنلۈكىگە ئىگە. نېفىتچىلىك كەسپىي تېخنىكا زىچلىقى شەكىللىنىپ ۋە سانائەت ئىشچىلىرى بىر قەدەر مەركەزلەشكەن كەسىپ، 40 نەچچە يىلدىن بۇيانقى نېفىتلىكنى تەكشۈرۈش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش ئارقىلىق قارامايدا پۇختا بىرلىك سانائەت ئاساسى شەكىللەندى ھەمدە ئىلغار تېخنىكىنى ئىگىلىگەن، كۆپ قاتلاملىق زور بىر تۈركۈم مەخسۇس ئىختىساس ئىگىلىرى، باشقۇرۇش ئىختىساس ئىگىلىرى چېنىقتۇرۇلدى ۋە توپلاندى. بۇ ئۈستۈنلۈكلەر قارامايىنى تېز سۈرئەتتە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن تېپىلماس شەرت - شارائىت ۋە ئاساس يارىتىپ بەردى.

يېڭى پۇرسەت ۋە ۋەزىيەت ئالدىدا، قارامايلىقلار بىر مەيدان قاتتىق ئىشلەش تەييارلىقىنى كۆرۈپ قويدۇق. بىز شۇنداق ئوتتۇرىغا قويىمىزكى: بىرىنچىدىن، ئىدىيىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ، كۆز قاراشتا بۆسۈش ياساپ، تۇتقۇلۇق ھەربىر مىنۇتنى چىڭ تۇتۇپ، دەيدىغان تەخىرسىزلىك ئېڭى بىلەن پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ غەربىي قىسمىنى ئېچىشتىكى سەركىسى ۋە باشلامچىسى بولۇشقا تىرىشىشىمىز لازىم. ئىككىنچىدىن، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش دەرىجىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئارقىلىق تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ياخشى مەبلەغ سېلىش مۇھىتى يارىتىپ، سىرتتىن كېلىپ مەبلەغ سالغۇچىلارنى ئەڭ زور چەكتە جەلپ قىلىش، قارامايىنى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈشكە ئورتاق قاتنىشىش لازىم. ئۈچىنچىدىن، قۇرۇلمىنى تەڭشەش ۋە مېخانىزمنى يېڭىلاشتىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئاچقۇچلۇق ھالقىنى تازا چىڭ تۇتۇش كېرەك. قۇرۇلمىنى تەڭشەشتە، «ماي يېگەندە مايغا تايانماسلىق، ئىقتىسادنى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈش» تەسەۋۋۇرىدا چىڭ تۇرۇش، مەۋقەنى نېفىتلىكنى راۋاجلاندۇرۇش ئاساسىغا قويۇپ، ئورنىغا دەسسەتكىلى بولىدىغان يېڭى كەسىپلەرنى راۋاجلاندۇرۇش، قاراماي ئىقتىسادىنىڭ كۆپ مەنبەلىشىشكە قاراپ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. مېخانىزمنى يېڭىلاش جەھەتتە، ھەممىدە بازارنى مەركەز قىلىش، كەسىپلەرنى تاللاش، مەھسۇلاتلارنىڭ ئورنىنى بېكىتىشتە يېڭى تۈزۈلمە، يېڭى مېخانىزمنى قوللىنىپ، بىرىكمە ئىقتىساد ۋە سىرتقا يۈزلەنگەن ئىقتىسادنى تىرىشىپ راۋاجلاندۇرۇش لازىم. تۆتىنچىدىن، جانلىق مېخانىزمنى قوللىنىپ، جانلىق سىياسەتلەرنى تۈزۈپ، ئۇل مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش لازىم.

بىر تۈمەن يىل بەك ئۇزاقتۇر، بەك ئۇزاق، تۇتقۇلۇق ھەربىر مىنۇتنى چىڭ تۇتۇپ! غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش غەربىي قىسىمغا بەخت يارىتىدىغان، جۇڭخۇانى گۈللەندۈرىدىغان ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇلۇغۋار ئىش، بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە بولىدىكەن، شىنجاڭنىڭ گۈللەنگەن، باي، گۈزەل ئەتىسىنى چوقۇم كۆتۈۋالالايمىز.

تورنى قاپلىغان كۆچمە كەسپىي كوممۇتاتور رايونى شەكىللەندۈرۈلدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر شەھەر، ئىدارىنىڭ پروگراممىلىق كوممۇتاتورىنىڭ سىغىمچانلىقى 157 مىڭ 400 توچكىغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت ئىشلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغىنى 67 مىڭ 700 توچكا، مەخسۇس نېفىت ئىشلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغىنى 89 مىڭ 700 توچكا، تېلېفون ئابونىتى 113 مىڭ 400 گە يېتىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر 100 كىشىگە 42 دىن تېلېفون توغرا كەلدى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 10 مىليون 94 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف ئالاقىسى تىجارەت سوممىسى 65 مىليون 523 مىڭ يۈەنگە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 1 مىليارد 177 مىليون يۈەنگە، ھەرخىل ئامانەت پۇلىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 10 مىليارد 700 مىليون يۈەنگە، ھەرخىل قەرز پۇلىنىڭ قالدۇقى 8 مىليارد 956 مىليون يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

شەھەر، ئىدارە بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغان پەن - تېخنىكا تۈرى 122 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتنىڭ پەن - تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش چوڭ تۈرى 2، گۇرۇھ شىركەتلىرىنىڭ پەن تەتقىقات تۈرى 11، شەھەر، ئىدارىنىڭ نۇقتىلىق پەن تەتقىقات تۈرى 109. مۇشۇ يىلى پەن تەتقىقاتقا 74 مىليون 700 مىڭ يۈەن، پەن - تېخنىكا 3 تۈرلۈك خىراجىتىگە 13 مىليون 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى،

150 تۈر شەھەر، ئىدارە دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا نەتىجىسى مۇكاپاتىغا، 19 تۈر ئاپتونوم رايون، نېفىت - تەبىئىي گاز گۇرۇھى شىركىتى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. مۇشۇ يىلى 10 تۈرگە پاتېنت ھوقۇقى ئىلتىماس قىلىنىدى، 9 تۈر تەستىقلاندى. پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنىڭ قوللىنىلىش نىسبىتى %95كە، پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنىڭ مەھسۇلاتقا ئايلىنىش نىسبىتى %60كە يەتتى. پەن - تېخنىكا ئارقىلىق ئاشۇرۇپ ئېلىنغان نېفىت 226 مىڭ تونىنىغا يەتتى. شەھەرگە قاراشلىق مەسئۇلاردىن شەھەر، ئىدارە دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن تۈر 4، پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنىڭ قوللىنىلىش نىسبىتى %90تىن يۇقىرى بولدى. دېھقان - چارۋىچىلار 260 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى. شۇ يىلى پەن - تېخنىكا بويىچە ئۆلگە كەنتتىن 2 سى، پەن - تېخنىكا بويىچە ئۆلگە ئائىلىدىن 126 سى مەيدانغا كەلدى. يىل ئاخىرىدا شەھەر، ئىدارە بويىچە خەلق باشقۇرۇشىدىكى پەن - تېخنىكا كارخانىسى 41گە، تىزىمغا ئالدۇرغان مەبلىغى 27 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە، كەسپكارلار 1880 گە يەتتى، شۇ يىلى يارىتىلغان مەھسۇلات قىممىتى 117 مىليون يۈەنگە، يارىتقان ساپ پايدا 5 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شەھەر، ئىدارە تەۋەسىدىكى باللار باغچىسى 39، باغچىدىكى بالا 11 مىڭ 12؛ ئادەتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 36، ئوقۇغۇچىسى 26 مىڭ 85؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 23، ئوقۇغۇچىسى 16 مىڭ 877؛ كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكوم بىر، گاس - گاچىلار مەكتىپى بىر؛ ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم 6، ئوقۇغۇچىسى 5262. 47 مىڭ 689 كىشى مائارىپ بويىچە تەربىيىلەش كۇرسلىرىغا قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 32 مىڭ 324 كىشى ئىش ئورنىدا تەربىيىلەشكە، 11 مىڭ 801 كىشى ماسلىشىش خاراكتېرىدىكى تەربىيىلەشكە، 3361 كىشى داۋاملىق تەربىيىلەشكە قاتناشتى، 2770 ئىشچى - خىزمەتچى تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەدەنىيەت بىلىملىرىنى تولۇقلاش ئۆگىنىشىگە قاتناشتى. مۇشۇ يىلى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھان بەرگەنلەر 11 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. شەھەر بويىچە بىر ئاممىۋى سەنئەت سارىيى، بىر ئۆسمۈرلەر سارىيى، بىر باللار پائالىيەت مەركىزى، بىر ئىشچى - خىزمەتچىلەر مەدەنىيەت مەركىزى، بىر كۇتۇپخانا، بىر كەسپىي سەنئەت ئۆمىكى، بىر ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمىكى، بىر ئىشتىن سىرتقى سەنئەت مەكتىپى، بىر رادىئو ئىستانسىسى، بىر تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، بىر سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، 3 سىملىق تېلېۋىزىيىنى ئۇلاپ تارقىتىش ئىستانسىسى، 14 سۈنئىي ھەمراھ يەر يۈزى پونكىتى بار. 20 قېتىم كۆلىمى كەڭرەك بولغان ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيىتى، ئويۇن قويۇش پائالىيىتى، مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلدى، تاماشىبىنلار 37 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى؛ 18 قېتىم مەدەنىيەت خىزمىتى ئەترىتى مەدەنىيەت مۇلازىمىتى بويىچە ھال سوراش پائالىيىتىگە تەشكىللەندى، 15 مىڭ پارچە كىتاب تەقدىم قىلىندى، 54 قېتىم ئويۇن قويۇپ بېرىلدى؛ 12 قارار گۈزەل سەنئەت، ھۆسنىخەت، فوتو سۈرەت قاتارلىق مەدەنىيەت كۆرگەزمىسى ئېچىلىپ، 2000 پارچىدىن ئارتۇق ئەسەر كۆرگەزمە قىلىندى؛ كۆرۈرمەنلەر 15 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. مىللىيچە ئۇسۇللۇق ئوپېرا «قۇملۇق قىزى» مەملىكەت بويىچە «بەش بىر قۇرۇلۇشى» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ رادىئو دراممىسى «دوست» مەملىكەت بويىچە «بەش بىر قۇرۇلۇشى» ئەسەرلىرى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 24 قارار مۇزىكا، ئۇسسۇل، گۈزەللىك گىمناستىكىسى قاتارلىق ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىمى ئېچىلىپ، 1600 دىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) كۇرساتت تەربىيىلەندى. تارىخ - تەزكىرە خىزمىتىدە يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، «قاراماي شەھىرى، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى يىلنامىسى» (1999) تەھرىرلىنىپ نەشر قىلىندى، «چەرەنبۇلاق رايونى تەزكىرىسى»، «ئورقۇ رايونى تەزكىرىسى» نەشر قىلىندى، «ج ك پ نىڭ قاراماي شەھىرى، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى تارىخىدىكى چوڭ ئىشلار» نى تۈزۈش خىزمىتى ئاياغلىشىپ، بۇ كىتاب نەشردىن چىقىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ. رادىئو، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98.82كە يەتتى، 28 رادىئو، تېلېۋىزىيە پروگراممىسى ئۆلكە، مىنىستىرلىكتىن يۇقىرى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 4. كۇتۇپخانىدا ساقلانغان كىتاب 198 مىڭ پارچىگە يەتتى، 120 مىڭ ئادەم (قېتىم) ئوقۇرمەن كۈتۈۋېلىندى، 213 مىڭ پارچە (قېتىم) كىتاب ئارىيەت بېرىلدى. شەھەرلىك كۇتۇپخانىغا «دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك كۇتۇپخانا» ۋە «ئاپتونوم رايون بويىچە ئالاھىدە دەرىجىلىك كۇتۇپخانا» دېگەن نام بېرىلدى. شەھەر بويىچە 4 ئۇنىۋېرسال دوختۇرخانا، 2 يېزا دەرىجىلىك شىپاخانا، 3 سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى، 1387 كارىۋات، 2235 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 978. شەھەر ۋە ئىدارە بويىچە 12 مەھەللە سەھىيە مۇلازىمەت سىناق نۇقتىسى قۇرۇلدى. شەھەر ۋە ئىدارە تەنھەرىكەتچىلىرى ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە 39 ئالتۇن مېدال، 14كۈمۈش مېدال، 33 مىس مېدال ئالدى، 2 تۈردە ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى. ش ئۇ ئا ر مېيىپلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە 3 ئالتۇن مېدال، بىر كۈمۈش مېدال، بىر مىس مېدالغا ئېرىشتى. 502 تۈر (قېتىم) بويىچە ھەرخىل

تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە قاتناشقانلار 220 مىڭ ئادەم (قېتىم) دىن ئاشتى. شەھەر، ئىدارە بويىچە 2 ـ قېتىملىق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى، تۇنجى قېتىملىق دەم ئېلىشقا پېنسىيىگە چىققان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى، 4000 دىن ئارتۇق تەنھەرىكەتچى مۇسابىقىگە قاتناشتى. 27 مىڭ 863 ئادەم «دۆلەتنىڭ تەنتەربىيىدە چېنىقىش ئۆلچىمى»گە يەتتى. تەنتەربىيە مەركىزىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ئاساسىي جەھەتتىن پۈتتى، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭلارنىڭ بەدەن سۇيىتىنى تەكشۈرۈش پەن تەتقىقات بىناسى بىلەن چويلا توپ سارىيى مۇشۇ يىل ئىچىدە ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلىدۇ.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 ـ يىلى شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە ئايلىق تۇرمۇش خىراجىتى كىرىمى 761.6 يۈەنگە يەتتى، شو گەي، ئورۇقۇ يېزىلىرىدىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3081 يۈەن بولدى. يىل ئاخىرىدا شەھەر، ئىدارە بويىچە ھەرخىل ئىقتىسادىي ئورۇنلاردىكى كەسپكار 154 مىڭ 900 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىش ئورنىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچى 143 مىڭ 500. يېڭىدىن 2000 يۈرۈشتىن ئارتۇق تۇرالغۇ ئۆي سېلىندى، ئۇنىڭ كۆلىمى 182 مىڭ 500 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. سۇغۇرتا كىرىمى 118 مىليون 904 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆمۈر سۇغۇرتىسى كىرىمى 67 مىليون 805 مىڭ يۈەن، مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتا كىرىمى 51 مىليون 99 مىڭ يۈەن، ھەرخىل تۆلەم دېلوسىدىن 10 مىڭ 288ى بىر تەرەپ قىلىندى، 21 مىليون 767 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى.

☆ دوستلۇق يولىنىڭ جەنۇبىي بۆلىكىگە جايلاشقان دوستلۇق كۆۋرۈكىدە 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قاتناش باشلاندى. كۆۋرۈك كۆۋرۈك گەۋدىسى، كۆۋرۈك باشلانمىسى ۋە كۆۋرۈك يولىدىن ئىبارەت 3 قىسىمدىن تەشكىل تاپتى. كۆۋرۈك يۈزىنىڭ كەڭلىكى 24 مېتىر، كۆۋرۈك گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 81.72 مېتىر، كۆۋرۈك باشلانمىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 165 مېتىر، كۆۋرۈك يولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 650 مېتىر بولۇپ نۆۋەتتە ئاپتونوم رايوندىكى بىردىنبىر يانتۇ ئاسما كۆۋرۈك بولۇپ، 24 تال يانتۇ تارتىلغان پولات ئارقان 400 توننىغا يېقىن ئېغىرلىقتىكى كۆۋرۈك گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ.

☆ نېفىت ئىدارىسىدىن پېنسىيىگە چىققان ئىشچى ـ خىزمەتچى ما گودۇڭنىڭ كەشپىياتى «سۇيۇقلۇق بېسىملىق، دەرىجىگە ئايرىپ قۇدۇق مۇستەھكەملىگۈچى چانتۇغۇچ» 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى خەلقئارادا ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى.

☆ گوۋۇيۈەن 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى نېفىت قۇرۇلۇش شىركىتىگە «مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنە كوللېكتىپ» دەپ شەرەپلىك نام بەردى.

يالڭ يۈەنجىن، چېن پېڭ

# مايتاغ رايونى

## ئاساسىي ئەھۋالى

مايتاغ رايونى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. قاراماي شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 150 كىلومېتىر، ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 250 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 ـ يىلى رايونغا قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 3، ئاھالىلەر كومىتېتى 11، دۆلەت چارۋىچىلىق فېرمىسى 2. بۇ رايون تەۋەسىدە مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى، جۇڭگو مايتاغ نېفىت خىمىيە شىركىتى، شىنجاڭ نېفىت مەكتىپى قاتارلىق 50 نەچچە دۆلەت كارخانىسى ۋە دۆلەت كەسپىي ئورنى بار. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 44 مىڭ 577 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 10 مىڭ 577)؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰12.3، ئۆلۈش نىسبىتى ‰1.4، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰10.8، كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى كىلىماتىغا كىرىدۇ.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ مايتاغ رايونلۇق 7 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: چېن زۇڭيۇ.

9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: سۇلتان ئەسپەر.

رايون باشلىقى: چېن زۇڭيۇ.

سىياسىي كېڭەش 2 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ۋاڭ جىگاڭ (2 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 ـ يىلى مايتاغ رايونى بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليون 840 مىڭ يۈەن، يىل ئاخىرىدىكى تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 133.3 گېكتار، كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى 66.7 گېكتار، كۆكتات كۆلىمى 66.6 گېكتار بولدى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليارد 470 مىليون يۈەن، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 527 مىليون يۈەن

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
| --- | --- | --- |
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 16.7 | 7.6 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۇياق) | 11000 | —24.1 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (100 مىليون يۈەن) | 2.21 | تەڭلەشتى |
| بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | 77488 | 8.9 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | 6304 | 14.6 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | 7302 | 97.9 |

(1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 916 مىليون يۈەن) گە يەتتى. يەرلىك سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 336 مىليون يۈەنگە يەتتى. 3 مىليون 300 مىڭ توننا نېفىت پىششىقلاندى، 161 مىڭ توننا ئېتىلېن، 633 مىڭ 182 توننا بېنزىن، 108 مىڭ 231 توننا كېروسىن، 1 مىليون 347 مىڭ 802 توننا دىزېلىن، 121 مىڭ 556 توننا سىلىقلاش مېيى، 3000 توننا ئۈن، 2158 توننا سۇلياۋ ياسالما، 18 مىڭ 178 توننا ئاسفالت ئىشلەپچىقىرىلدى. رايونغا قاراشلىق ئورۇنلار تۇراقلىق مۈلۈككە سالغان مەبلەغ 31 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە يەتتى. تەخمىنەن چوت مەبلىغى 14 مىليون يۈەنگە يېتىدىغان تۇرمۇش يۈندىسىنى بىر تەرەپ قىلىش زاۋۇتىنىڭ پونكىت رايونى قۇرۇلۇشى تاماملاندى، سىرتقى تورۋا تورى قۇرۇلۇشىغا 1 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. مايتاغ بەدەن چېنىقتۇرۇش مەركىزى پۈتۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى. ئىشچى - خىزمەتچىلەر دوختۇرخانىسى ئامبۇلاتورىيىسىنىڭ ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى تاماملاندى. جەنۇبىي جۇڭغار يولىنىڭ قىسمەن بۆلەكلىرى يۇقىرى ئۆلچەمدە ئۆزگەرتىپ ياسالدى. 10 - رايوننىڭ شىنىڭ يولى بازىرىدىكى شەرقىي قوزۇق بىناسى قۇرۇلۇشى تاماملاندى. رايون بويىچە مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان ترانسپورت كارخانىلىرىنىڭ يىللىق يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 75 مىليون 947 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا؛ يۈك ئوبوروت مىقدارى 95 مىليون 140 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. يىل ئاخىرىغىچە تېلېگراف ئالاقە كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 16 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە، پروگراممىلىق كومموتاتورنىڭ سىغىمچانلىقى 40 مىڭ توچكىغا، 100 ئادەم ئىچىدە تېلېفونى بارلار 34 كە يەتتى. بازاردىكى پۈتۈشۈش سوممىسى 45 مىليون يۈەنگە يەتتى.

پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

1999 - يىلى نېفىت خىمىيە باش زاۋۇتى 13 تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرىگە مەبلەغ سالدى، 9 خىل يېڭى مەھسۇلات يارىتىپ سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقاردى، 22 تۈردە پاتېنت ھوقۇقىغا ئىلتىماس سۇندى. 89 تۈرلۈك پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى قولغا كەلتۈردى. بۇنىڭ ئىچىدە، 2 تۈر گۇرۇھ شىركىتىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 2 -، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 80 مىليون يۈەنلىك ئۈنۈم يارىتىلدى، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە تۆھپە يارىتىش ئۈنۈمى %43كە يەتتى. رايوندىكى تۈرلۈك كەسپىي تېخنىكا خادىمى 15 مىڭ. رايون تەۋەسىدە ئۈسكۈنە، تېخنىكىسى ئالدىنقى قاتاردىكى نېفىت چەككىلەش خىمىيە سانائىتى تەتقىقات يۇرتى، لايىھىلەش يۇرتى بار. مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق ئوتتۇرا تېخنىكوم — شىنجاڭ نېفىت مەكتىپى ۋە تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى؛ ئىشتىن سىرتقى ئۇنىۋېرسىتېت، ئوتتۇرا مەكتەپ، باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇپ جەمئىي 16 مەكتەپ بار. مائارىپنىڭ ئومۇملىشىشى %100كە يەتتى. 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى مايتاغ 2 - باشلانغۇچ مەكتىپى ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى تۈركۈمدىكى زامانىۋى تەلىم - تەربىيە - تېخنىكا جەھەتتىكى تەجرىبە باشلانغۇچ مەكتىپى بولۇپ قالدى. رايون تەۋەسىدە بىر تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، چاستوتىسى تەڭشىلىدىغان بىر رادىئو ئىستانسىسى بار، سىملىق تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى كۆرسىتىش قانىلى 45كە، تېلېۋىزورنىڭ ئائىلەلەردە ئومۇملىشىش نىسبىتى %100كە، سىملىق تېلېۋىزىيە

ئاھونبىنتى 14 مىڭغا يەتتى. 16 تىببىي داۋالاش ئاپپاراتى، 400 كەسپىي تېخنىكا خادىم، 322 كارىۋات بار، بىر سەھىيە، يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى، ئۇنىڭ 22 خىزمەتچىسى بار. «1 - ئىيۇل» خور مۇسابىقىسى، دۆلەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى ۋە ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى تەبرىكلەش قاتارلىق بىر قاتار مەدەنىيەت، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلدى. فۇ جيەنفېڭنىڭ ماي بوياق رەسىمى «تومۇر» 5 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسىگە قاتناشتۇرۇلدى. مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ۋېيخەي كىنو - تېلېۋىزىيە شەھەرچىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، زاۋۇت رايونىدىكى ئۆسمۈرلەر گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى ۋېيخەيدە ئۆتكۈزۈلدى. 2 گۇرۇپپا ئۇسسۇل ئەسىرى مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئالاقىدار ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرەكلىرىگە قاتناشتۇرۇلدى ھەمدە مۇكاپاتقا ئېرىشتى. مايتاغ رايونى مەملىكەت بويىچە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ناھىيە (رايون) لەرنى قايتا تەكشۈرۈشتىن ئوڭۇشلۇق ئۆتتى.

1999 - يىلى مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى مەملىكەت بويىچە خېرىدارلارنى رازى قىلىش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويغان ئىلغار ئورۇن، مەملىكەت بويىچە ئومۇميۈزلۈك سۈپەت باشقۇرۇشنى يولغا قويغان ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. مايتاغ رايونلۇق ئائىلىلار بىرلەشمىسى «مەملىكەت بويىچە شەھەر - بازارلاردىكى ‹تۆھپىكار ئائىلىلار› ئىلغار ئورنى» دېگەن نامغا ئېرىشتى؛ 4 - ئايدا نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى ئۇچۇر مەركىزى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن «كومپيۇتېر ئەمەلىي تېخنىكىسى بويىچە ئىلغار تەربىيىلەش نۇقتىسى» دېگەن نامغا ئېرىشتى؛ نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىنىڭ «تەڭرىتاغ» ماركىلىق دىزېل ۋە ئاپتولى، «تەڭرىتاغ» ماركىلىق يول ئاسفالتى بىر يۈرۈش مەھسۇلاتى «شىنجاڭنىڭ داڭدار مەھسۇلاتى» دېگەن نامغا ئېرىشتى؛ نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىنىڭ 3 - نومۇرلۇق رىشاكتىپ يېقىلغۇسى، 25 - نومۇرلۇق ترانسفورماتور مېيى، سۈيۇق بېسىم ئاپتولى، بېنزىنلىق ئاپتولى «ئاپتونوم رايوننىڭ قوش ئەۋرىشكە ئېلىش مەھسۇلاتى» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى رايوندىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق پۇل مائاشى 12 مىڭ 618 يۈەنگە يەتتى. مال - مۈلۈك سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ سۇغۇرتىلاش سوممىسى 1 مىليارد 738 مىليون يۈەنگە يەتتى. مال - مۈلۈك سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 9 مىليون 527 مىڭ يۈەنگە، جىسمانىي سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 14 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ 3 مىليون 230 مىڭ يۈەن مال - مۈلۈك سۇغۇرتا تۆلەم پۇلى تۆلەندى. 372 مىڭ يۈەن جىسمانىي سۇغۇرتا تۆلەم پۇلى تۆلەندى ۋە پۇل بېرىلدى. قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەركىزى قۇرۇلۇپ، 80 ئادەم يېڭىۋاشتىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى؛ ئىشسىزلىق سۇغۇرتا فوندى تەسىس قىلىنىپ، 75 ئادەم (قېتىم) گە جەمئىي 18 مىڭ يۈەن ئىشسىزلىق قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى، زاۋۇت رايونىدىكى تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە 55 مىڭ يۈەن ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى، قىيىنچىلىقتا قالغان ئائىلىلەرنىڭ قىش پەسىللىك ئىسسىنىشىغا ياردەم بېرىلدى، ئۆي سېتىۋېلىشىغا ئېتىبار بېرىلدى، قىيىنچىلىقتا قالغان ئائىلىلەردىكى مېيىپلار مۇۋاپىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ياشانغانلار كۈتۈنۈش پۇلى ئۆز ۋاقتىدا ۋە تولۇق تارقىتىپ بېرىلدى. كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلۇپ، شەھەرنىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %28.2 كە يەتتى، يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن يېشىللىق كۆلىمى 350 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

ۋېي شيەنخۇا

# قاراماي رايونى

## ئاساسىي ئەھۋالى

قاراماي رايونى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىي چېتىگە، قاراماي شەھىرىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان. 1999 - يىلى رايونغا قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 6، يېزا بىر، دۆلەت چارۋىچىلىق فېرمىسى بىر، يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۈەننىڭ تۈەن - مەيدانلىرىدىكى نوپۇس بۇنىڭ سىرتىدا) 138 مىڭ 767 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 31 مىڭ 677)؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰9.94، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰7.11، كىلىماتى تىپىك قۇرغاقلىق تىپىدىكى كىلىماتقا كىرىدۇ.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قاراماي رايونلۇق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋاڭ نەن (12 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى).

4 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ما ۋېنخۇ.

رايون باشلىقى: تيەن چىڭشېڭ (5 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى قاراماي رايونى يېزا ئىگىلىكىدە قىرو

ئۆششۈكى، كەلكۈن قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، يەنىلا بىر قەدەر ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. 33.740 گېكتار يەرگە ھەرخىل زىرائەت تېرىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق زىرائىتى 66.173 گېكتار، ھوسۇلى 4.1124 توننا؛ كېۋەز كۆلىمى 67.566 گېكتار، ھوسۇلى 9.808 توننا. يىل ئاخىرىدا 12 مىڭ 440 تۇياق چارۋا قالدى.

رايون بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 6 مىليارد 200 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 8% ئاشتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 7 مىليارد 900 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 4% ئاشتى؛ يەرلىك سانائەت قوشۇلما قىممىتى 270 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 13% ئاشتى. ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 720 مىليون يۈەنگە يەتتى، ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش باھا كوئېففىتسېنتى 1998 - يىلدىكىدىن 1.5 پىرسەنت پوئىنتى چۈشتى. ئاھالىلەر ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ باھا 1998 - يىلدىكىدىن 7.4 پىرسەنت پوئىنتى چۈشتى. مالىيە كىرىمى 160 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 30% ئاشتى؛ 157 مىليون يۈەن يەرلىك باج يىغىلىپ، پىلان 118% ئورۇندالدى.

رايون بويىچە يەككە سودا - سانائەتچى 4665 ئائىلىگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 15.5%، خۇسۇسىي كارخانا 264كە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 17.8% كۆپەيدى. يۇقىرىغا 20 مىليون 389 مىڭ يۈەن باج تاپشۇرۇلدى. رايونغا قاراشلىق 9 كارخانا تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى تاماملىدى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

رايونغا قاراشلىق 14 باشلانغۇچ مەكتەپ، 14 يەسلى بار. 1999 - يىلى قاراماي رايونىدا 6 -، 8 -، 10- باشلانغۇچ مەكتەپلەر كۆكەرتىش، گۈزەللەشتۈرۈش، مەدەنىيلەشتۈرۈش بويىچە ئۈلگە مەكتەپ بولۇپ قۇرۇلدى، رايون تەۋەسىدە 5 كىنو - تىياتىرخانا بار. ئۆسمۈرلۈك ئوپېرا «قۇملۇق قىزى» مەملىكەتلىك 7 - نۆۋەتلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى «بەش بىر قۇرۇلۇشى» بويىچە كومېدىيە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى رايون بويىچە دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 3200 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 14 مىڭ يۈەنگە يەتتى. قاراماي رايونلۇق ھۆكۈمەت 3 يىل ئىچىدە مەملىكەت بويىچە ئىجتىمائىي مۇلازىمەتتە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى بولۇشتىن ئىبارەت خىزمەت نىشانىغا يېتىشنى بەلگىلىدى. يىل ئاخىرىغىچە مەخسۇس ۋە قوشۇمچە مەھەللە مۇلازىمىتى قىلىدىغان خادىم 600 دىن كۆپرەككە، مەھەللە مۇلازىمىتى بويىچە پىدائىيلار ئەترەتلىرىگە قاتناشقانلار 1000 دىن كۆپرەككە يېتىپ، خەلققە قولايلىق يارىتىپ بېرىش، خەلققە نەپ يەتكۈزۈش، ئىجتىمائىي كاپالەتلىك قىلىش، مېيىپلارغا ئېتىبار بېرىش ۋە نەپىقە بېرىش، توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرى، قېرىلارنى ھۆرمەتلەش ۋە ئۇلارغا يۆلەك بولۇش، نامرات ۋە قىيىنچىلىقى بارلارغا يار - يۆلەك بولۇش ۋە ياردەم بېرىش قاتارلىقلار بويىچە 10 نەچچە مۇلازىمەت سىستېمىسى شەكىللەندۈرۈلدى. مۇلازىمەت تۈرى 100 دىن ئاشتى. 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكى قاراماي رايونىنى ئاپتونوم رايوننىڭ مەھەللە قۇرۇلۇشى بويىچە بىردىنبىر سىناق رايونى قىلىپ بېكىتتى.

جاڭ شىنخۇي

# جەرەنبۇلاق رايونى

## ئاساسىي ئەھۋالى

جەرەنبۇلاق رايونى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىي چېتىگە، قاراماي شەھىرىنىڭ قىيپاش شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 360 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى رايونغا قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 2، ئاھالىلەر كومىتېتى 26. رايون تەۋەسىدە شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى بىلەن جۇڭگو شىنجاڭ نېفىتلىك شىركىتىگە قاراشلىق 12 كارخانا بار. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (دائىم تۇرمايدىغان نوپۇس بۇنىڭ سىرتىدا) 62 مىڭ 755 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 12 مىڭ 676)؛ نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 10.37‰، كىلىماتى تىپىك قۇرغاقلىق تىپىدىكى كىلىماتقا كىرىدۇ.

جەرەنبۇلاق رايونىدا نېفىت، تەبىئىي گاز بايلىقى مول، باشقا قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى كۆمۈر، تۇز، ياپىلاق تاش، قۇم - شېغىل، خرۇستال قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن جەرەن، ياۋا ئات، ياۋا ئۆردەك قاتارلىقلار بار. ياۋا ئۆسۈملۈكلەردىن توغراق، يۇلغۇن، سۆكسۆك، جىگدە، يانتاق قاتارلىقلار، دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن توشقان زەدىكى، چۈچۈكبۇيا، شىقىلداق، ئىگىر، بۇدۇشقاق قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ جەرەنبۇلاق رايونلۇق 3 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: شۇي نەيخۇا.

4 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ

مۇدىرى: خۇاڭ رۇيپىڭ.

رايون باشلىقى: سۇن جىيەنپىڭ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى جەرەنبۇلاق رايونىنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليارد 142 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە نېفىت سانائىتىنىڭ (قۇدۇق بۇرغىلاش، ماي سىناق قىلىشمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 945 مىليون يۈەن. يەرلىك سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 197 مىليون يۈەن. يەرلىك سانائەت مەھسۇلات قىممىتى ئىچىدە نېفىت ئورۇنلىرىنىڭ كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانىلىرى ياراتقان مەھسۇلات قىممىتى 166 مىليون يۈەن، رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانىلار ياراتقان مەھسۇلات قىممىتى 14 مىليون 960 مىڭ يۈەن، خۇسۇسىي كارخانىلار ياراتقان مەھسۇلات قىممىتى 15 مىليون 520 مىڭ يۈەن. 2 مىليون 117 مىڭ توننا نېفىت ئىشلەپچىقىرىلدى، بۇرغىلانغان نېفىت قۇدۇقىنىڭ مېتراژى 765 مىڭ مېترغا يەتتى، 802 مىليون كىلوۋات سائەت توك تارقىتىلدى. 102 ماي قاتلىمىدا سىناق قىلىندى.

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|
| مىللىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 23.75 | 7.8 |
| يەرلىك كارخانىلارنىڭ تىجارەت مەھسۇلات قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 5.8 | 15.3 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (100 مىليون يۈەن) | 2.26 | 13 |
| شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (100 مىليون يۈەن) | 11.58 | 13.8 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | 8769 | 63 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | 7908 | 53 |

1999 - يىلى رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى شەھەر رايونى قۇرۇلۇشىغا 10 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سالدى. «جۇڭشىڭ» كوچىسىنىڭ دوختۇرخانا بۆلىكىدىكى يولنى كېڭەيتىپ قۇرۇش ھەمدە 3 تارام تاش يېيىتىلغان تاشيول يۈزىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى تاماملاندى، شۇنىڭ بىلەن «جۇڭشىڭ» يولىدىكى قوش يۆللۇق كوچا شەرققە قاراپ 300 مېتىر ئۇزارتىلدى؛ «217» دۆلەت يولىنىڭ جەنۇبىدىكى قۇمۇش كۆلىنىڭ پاسكىنا سۈيىنى تېزگىنلەش سۈرئىتى تېزلىتىلدى؛ تىندۇرۇپ تېزگىنلەش ئاساسىدا، مەبلەغ سېلىش ئارقىلىق كۆلىمى 7500 كۋادرات مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 150 مېتىر كېلىدىغان «مىنجۇ» يولى سودا كوچىسى ياسالدى ھەم ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى؛ جەرەنبۇلاق رايونىدىكى مەدەنىيەت مەيدانىنىڭ ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى تاماملاندى، ئۇنىڭ كۆلىمى 15 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. «سەنپىڭ» باغچىسى پۈتۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى. يېڭىدىن بىر توخۇ قۇشخانىسى، 2 چوشقا قۇشخانىسى، 3 مىنىبۇس، كىرا ماشىنىلىرى توختاش مەيدانى قۇرۇلدى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 15 مىليون 496 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىغىچە يېڭىدىن ئورنىتىلغان تېلېفون 2400 توچكىغا، بازار سودىسىدا پۈتۈشۈلگەن سومما 140 مىليون يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

1999 - يىلى جەرەنبۇلاق رايونى ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ قايتا تەكشۈرۈشىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ، مەملىكەت بويىچە پەن - تېخنىكا خىزمىتىدىكى ئىلغار شەھەر رايونى، دېگەن نامنى ساقلاپ قالدى. رايون بويىچە 17 تۈرلۈك پەن تېخنىكا نەتىجىسى شەھەر، ئىدارە دەرىجىلىك پەن تەتقىقات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 4 تۈر 1 - دەرىجىلىك، 3 تۈر 2 - دەرىجىلىك، 10 تۈر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. يىل ئاخىرىدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 487، بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇتقۇچى 156، سىياسىي خىزمەتچى 86. رايون بويىچە 6 ئوتتۇرا مەكتەپ (مىللىي ئوتتۇرا

مەكتەپ 3)، 5 باشلانغۇچ مەكتەپ بار. ئوقۇغۇچىسى 6682 (مىللىي 2803)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 427. بالىلار باغچىسى 6، باغچىدىكى بالا 1304، بالا تەربىيىچىسى 89. جەرەنبۇلاق رايونى ئاپتونوم رايوننىڭ «ئىككى ئاساسەن»نى قايتا تەكشۈرۈش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى، 19 ـ باشلانغۇچ مەكتەپكە شەھەر، ئىدارىدىكى «زامانىۋى تەلىم ـ تەربىيە تېخنىكىسىدا ئالغا باسقان مەكتەپ» دەپ نام بېرىلدى ھەمدە ئۈنجى تۈركۈمدىكى «ئاپتونوم رايوننىڭ زامانىۋى تەلىم ـ تەربىيە تەجرىبە مەكتىپى» دەپ ۋەۋىسكا ئېسىلدى. رايون بويىچە 7 مەدەنىيەت پونكىتى، 7 كۇلۇب (كىنوخانا)، 12 كۆتۈپخانا بار. 1999 ـ يىلى جەرەنبۇلاق رايونى ئاپتونوم رايوننىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار شەھەر رايونلىرىنى باھالاش مېلىشتۇرۇپ ئۆمىكىنىڭ دەسلەپكى تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى. جەرەنبۇلاق رايونىدىكى تۇنجى توم تەزكىرە كىتابى — «جەرەنبۇلاق رايونى تەزكىرىسى» 7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى رەسمىي تارقىتىلدى. 1999 ـ يىلى نېفىت ئېلىش 3 ـ زاۋۇتىغا مەملىكەت بويىچە مەنىۋى مەدەنىيلىكتە ئىلغار ئورۇن، دەپ نام بېرىلدى. قۇدۇق بۇرغىلاش شىركىتى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇنلارنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى. رايونغا قاراشلىق نېفىت ئېلىش 3 ـ زاۋۇتىغا جۇڭگو نېفىت ـ تەبىئىي گاز گۇرۇھىنىڭ ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەتتە ئىلغار ئورنى، دەپ نام بېرىلدى. رايون بويىچە رادىئو، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 100%كە يەتتى. يىل ئاخىرىدىكى رايونغا قاراشلىق دوختۇرخانا بىر، سەھىيە ـ يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى بىر، شىپاخانا (ساقلىق ساقلاش پونكىتى) 7، سەھىيە كەسپىي تېخنىكا خادىمى 648، كارىۋات 490.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 ـ يىلى شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرمۇش خىراجىتى كىرىمى 9139 يۈەنگە، مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 6 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە، جىسمانىي سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 11 مىليون 374 مىڭ يۈەنگە؛ مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەم پۇلى 2 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە، جىسمانىي سۇغۇرتا بويىچە تۆلەم پۇلى ۋە چىقىم قىلىپ بېرىلگەن پۇل 1 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مۇھىت بۇلغىنىشنى چەكلەش مۇددىتىدە تۈزەش تۈرىدىن 15ى ئورۇندالدى، «217» دۆلەت يولىنىڭ جەنۇبىدىكى يۈندىنى تىزگىنلەش 1 ـ قارارلىق قۇرۇلۇشى ئاساسىي جەھەتتىن پۈتتى، ئىس ـ تۈتەك، چاڭ ـ توزان تىزگىنلەنگەن رايون كۆلىمى 68 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى. يېڭىدىن 72 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى، يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن باغ ـ ئورمانلاشقان كۆكلەمزارلىق كۆلىمى 35.3 گېكتارغا يەتتى.

☆ جەرەنبۇلاق رايونلۇق يەرلىك باج شۆبە ئىدارىسى دۆلەت بېجى باش ئىدارىسى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە باج سىستېمىسىدىكى مەدەنىي ئورۇن، دۆلەت مەنىۋى مەدەنىيلىك كومىتېتى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. 11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى رايونلۇق يەرلىك باج شۆبە ئىدارىسىگە «مەملىكەت بويىچە باج ئىشلىرىنى بېجىرىشتىكى ئەلا ياخشى مۇلازىمەت ئورنى» دەپ نام بېرىلدى.

شى جيەن

# ئورقۇ رايونى

## ئاساسىي ئەھۋالى

ئورقۇ رايونى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىي چېتىگە جايلاشقان، رايونلۇق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 390 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئورقۇ، ئاقبۇلاقتىن ئىبارەت 2 ئاھالىلەر كومىتېتى بىلەن ئورقۇ يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى رايونغا بىۋاسىتە قارايدۇ. 1999 ـ يىلدىكى رايونغا قاراشلىق نوپۇس 7050 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 2275)، يېزا نوپۇسى 1333؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 16.3‰، ئۆلۈش نىسبىتى 0.7‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 15.6‰؛ رايون تەۋەسىدە تۇرۇشلۇق بىڭتۇەن 137 ـ تۇەن ـ مەيدانىنىڭ نوپۇسى 6779. رايونغا قاراشلىق ئاشلىق زىرائىتى تېرىلغۇ كۆلىمى 256.8 گېكتار، ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلغۇ كۆلىمى 55.3 گېكتار. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ئورقۇ رايونىدا سۇ بايلىقى مول، ھازىر ئىشلىتىلىۋاتقان «بەييالڭخې»، جەرەنبۇلاق سۇ ئامبارلىرىدىن باشقا، قۇرۇلۇۋاتقان شىمالىي شىنجاڭ سۇ بىلەن تەمىنلەش تۈگۈنلۈك قۇرۇلۇشى — شەيتانكەرشىتىكى ئېگىزلىك سۇ ئامبىرى — قاراماي شەھىرىنىڭ ئاساسلىق سۇ مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. رايون تەۋەسىدە 212.6 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان تەبىئىي ئوتلاق، 66.3 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان تەبىئىي ئورمانلىق بار. ئاساسلىق قېزىلما بايلىقلاردىن نېفىت، گەج، تەبىئىي گاز، شور، كۆمۈر، كۋارتس قاتارلىقلار؛ ياۋايى ھايۋانلاردىن جەرەن، بۆغا، بۆركۈت قاتارلىقلار؛ دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن توشقان زەدىكى، چۈچۈكبۇيا، بۇيا، ئالقات، قانتېپەر، قىچا، چاكاندا قاتارلىقلار بار. ساياھەت بايلىقى جەھەتتە، ئاساسلىقى دۇنياغا مەشھۇر يار

داڭلىق — شەپتالىكەرش، بەيياڭخې دەريا جىلغىسى، تەبىئىي ئاسفالت كانى قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئورقۇ رايونلۇق 2 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: چيەن خەيجياڭ.

4 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئىبراھىم مۇقىيىت.

رايون باشلىقى: جىن ۋۇلىن.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

ئورقۇ رايونى نېفىت سانائىتىگە تايىنىپ تەرەققىي قىلغان يېرىم چارۋىچىلىق، يېرىم دېھقانچىلىق رايونى بولۇپ، قاراماي شەھىرىنى كۆكتات، يەل - يېمىش، گۆش بىلەن تەمىنلەيدىغان بازا. 1999 - يىلى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون 654 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1427 توننا ئاشلىق، 51 توننا پاختا ئېلىندى. 1000 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى، 1700 مېتىر يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى، 2000 مېتىر تۆۋەن بېسىملىق توك سىمى تارتىلدى، بىر ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى. رايون تەۋەسىدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 8 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1999 - يىلى رايون بويىچە سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 191 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە نېفىت سانائىتىنىڭ 178 مىليون 600 مىڭ يۈەن، يەرلىك سانائەتنىڭ 12 مىليون 552 مىڭ يۈەن، بېكىتۈەن 137 - تۈەن - مەيدانىنىڭ 10 مىليون 600 مىڭ يۈەن. ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 12 مىليون يۈەن. ئاقبۇلاق نېفىت ئېلىش زاۋۇتى 655 مىڭ توننا نېفىت ئىشلەپچىقاردى، رايونغا قاراشلىق كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليون 475 مىڭ 800 يۈەنگە يەتتى. رايون بويىچە يەككە تىجارەت ئورنى 625 كە، يەككە كارخانا 6گە، بازاردىكى تاۋار سودىسىدا پۈتۈشۈلگەن يىللىق پۈتۈشۈش سوممىسى 7 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ دۆلەتكە تاپشۇرغان بېجى 1 مىليون يۈەندىن ئېشىپ، رايون مالىيە كىرىمىنىڭ %22نى ئىگىلىدى. ئۇل مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشى تېزلىتىلدى. 2 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ «217» دۆلەت يولىنىڭ ئورقۇ بازىرىدىكى بۆلىكى كېڭەيتىپ ياسالدى، ئۇزۇنلۇقى 1800 مېتىر، كەڭلىكى 32 مېتىر كېلىدىغان 2 - دەرىجىلىك تاشيول پۈتكۈزۈلۈپ، ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى؛ 1 مىليون 820 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 16 - ئوتتۇرا مەكتەپكە يېڭىدىن 3 - نومۇرلۇق ئوقۇتۇش بىناسى سېلىندى، يېنىك ئاتلېتىكا مەيدانى ياسالدى ھەمدە قىممەن سىنىپلار ۋە مەكتەپ ئۆيلىرى رېمونت قىلىندى؛ ئورقۇ يېزىسىدا بىر ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، يېزا - كەنت تاشيوللىرى ۋە 2 كەنتتىكى سۇ سىڭمەس ئېرىق ئۆستەڭ ئاساسىي جەھەتتىن پۈتكۈزۈلدى، سىملىق تېلېۋىزىيە لىنىيىسى 2500 مېتىرغا يەتتى.

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | 1427 | 16 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۇياق) | 7672 | 18 |
| رايون تەۋەسىدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 808 | 7 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | 1200 | 16 |
| پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (100 مىليون يۈەن) | 1.05 | 2.8 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | 1417 | 16 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | 1417 | 18 |

ئىزاھ: يەرلىك مالىيە كىرىمى يۇقىرىدىن بېرىلگەن 7 مىليون 530 مىڭ يۈەن قوشۇمچە ياردەمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

### پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

رايون بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 128، باشلانغۇچ مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 554، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 54؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 699، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 184؛ باللار باغچىسى 2، باغچىدىكى بالا 396. باغچا ئوقۇتقۇچىسى 71. ئورقۇ يېزىسىدا دېھقان - چارۋىچىلار مەدەنىيەت - تېخنىكا مەكتىپى قۇرۇلدى، ئورقۇ يېزىلىق مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ بىلەن ئورقۇ رايونلۇق مەكتەپ قوشۇۋېتىلىپ، شەھەرلىك 16 - ئوتتۇرا مەكتەپ قىلىندى، بۇنىڭ بىلەن بۇ مەكتەپ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ بىرلەشتۈرۈلگەن، مىللىيلار بىلەن خەنزۇلار ئارىلاش، 3 خىل تىلدا ئوقۇتۇلىدىغان مەكتەپ بولۇپ قالدى. تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %90كە يەتتى. رايون بويىچە 3 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 140 كەسپىي سەھىيە - تېخنىكا خادىمى، 100 كارىۋات بار. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مېيىپلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە بىر كۈمۈش مېدال، بىر مىس مېدال قولغا كەلتۈرۈلدى.

### خەلق تۇرمۇشى

يىل ئاخىرىدا شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرمۇش خىراجىتى كىرىمى 7857 يۈەنگە، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3157 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مائاشى 8052 يۈەنگە يەتتى. رايون بويىچە 100 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى، 45 مىڭ 500 كۋادرات مېتىر چىملىق بەرپا قىلىندى، يېڭىدىن كۆكەرتىلگەن كۆلەم 12.27 گېكتارغا يەتتى. ئاقىۋېلاق نېفىت ئېلىش زاۋۇتى 0.67 گېكتار كېلىدىغان يەرگە گۈل - گىياھ، دەل - دەرەخ يېتىشتۈرۈش پارنىكى قۇرۇپ، يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش كۆلىمىنى %52كە يەتكۈزدى.

جياڭ كېۋېن

## شىخەنزە شەھىرى

### ئاساسىي ئەھۋالى

شىخەنزە شەھىرى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، ماناس دەرياسى بويىغا جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 150 كىلومېتىر، تۆمۈريول مۇساپىسى 145 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا بىر، مەھەللە ئىش باشقارمىسى 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 274 مىڭ 600 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 19 مىڭ 527)، يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 60 مىڭ 500، نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰10.87، ئۆلۈش نىسبىتى ‰3.59، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰7.28. يىل ئاخىرىدىكى نەق بار تېرىلغۇ يەر 33 مىڭ 600 گېكتار، زىرائەت تېرىلغۇ كۆلىمى 28 مىڭ 400 گېكتار، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلغۇ كۆلىمى 8150 گېكتار. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ شىخەنزە شەھەرلىك 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ما رۇڭ.

6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ما رۇڭ.

شەھەر باشلىقى: دىڭ شىگدۇەن.

سىياسىي كېڭەش 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: قېدىرقان ئاقىمەت (قازاق).

### يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىللى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 510 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 322 مىليون يۈەن)گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %7.6 ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ ئوخشاش). 57 مىڭ 900 توننا ئاشلىق، 21 مىڭ 700 توننا پاختا، 63 مىڭ 800 توننا قىزىلچا، 3300 توننا ياغلىق دان، 175 مىڭ توننا كۆكتات، 5000 توننا گۆش ئېلىندى. ھازىر بار ئورمان كۆلىمى 14 مىڭ گېكتارغا، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %7.7كە يەتتى. يېزا - بازار كارخانىلىرى ياراتقان قوشۇلما قىممەت 46 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 374 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 1 مىليارد 868 مىليون يۈەن) بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن %0.4 تۆۋەنلەپ كەتتى؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 616 مىليون يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 416 مىليون يۈەن)گە يەتتى. 565 مىليون كىلوۋات سائەت توك تارقىتىلدى، 8585 توننا ئېلېكتر كەپشەر چوكىسى، 11 مىڭ 289 توننا پولى ۋىنىل خلورىد، 25 مىڭ 500 توننا فابرىكا قەغىزى ۋە قەغەز پەنەركە، 30 مىڭ 400 توننا پەمىدۇر قىيامى، 44 مىڭ 900 توننا شېكەر، 31 مىڭ توننا پاختا يىپ، 66 مىليون 840 مىڭ مېتىر رەخت، 1 مىليون 950 مىڭ مېتىر يۇڭ توقۇلما ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق - قۇرۇلۇش كەسپىنىڭ

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | جەمئىي | 1998 ـ يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
| --- | --- | --- |
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 21.78 | 8.1 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 2.27 | 4.3 |
| 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 8.47 | 5.4 |
| 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 10.53 | 12.2 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (تۈمەن توننا) | 5.79 | —14.7 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | 7.67 | 1.9 |
| تاشقى سودا ئىمپورت ـ ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن دوللار) | 3829 | 21.9 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (100 مىليون يۈەن) | 9.55 | 17.7 |
| شەھەر ـ يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (100 مىليون يۈەن) | 41.85 | 9.3 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (100 مىليون يۈەن) | 1.76 | 2.6 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (100 مىليون يۈەن) | 1.95 | 4.7 |

ئىزاھ: 1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا، ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 176 مىليون يۈەن، 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 170 مىليون يۈەن، 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 490 مىليون يۈەن، 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 516 مىليون يۈەن بولدى.

قوشۇلما قىممىتى 191 مىليون يۈەنگە، ترانسپورت، پوچتا ـ تېلېگراف كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 198 مىليون يۈەنگە يەتتى. يۈك ئوبوروت مىقدارى 7 مىليون 120 مىڭ تونىغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 4 مىليون 218 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. پوچتا ـ تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 207 مىليون يۈەنگە يەتتى. تۇراقلىق مۈلۈككە 1 مىليارد 259 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، نۆۋەتتىكى مالدا شەھەر ـ يېزا ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى، «312» دۆلەت يولىنىڭ شىخەنزە تەۋەسىدىن ئۆتىدىغان بۆلىكىنىڭ 1 ـ قارارلىق ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى، شەرقىي تېرمو ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 2 ـ قارارلىق قۇرۇلۇشى، 26 ـ نومۇرلۇق ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسى پونكىتىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى ھەمدە «تيەنيې» گۆرۈشىنىڭ 10 مىڭ توننا سۇ تېجەيدىغان تۈرۈبا ماتېرىيالى قۇرۇلۇشى، قاتناش ھادىسىلىرىنى تېزدىن تەكشۈرۈش ماشىنىسى تۈرى، پاختا توقۇمىچىلىق، يۇڭ توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش جەھەتتىكى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى، شەھەر يولى، كۆكتات، مېۋە ـ چېۋە توپ سېتىش بازىرىنىڭ 1ـ قارارلىق قۇرۇلۇشى، كۆكەرتىش، تەرەققىيات رايونىنىڭ ئۇل مۇئەسسەسىلەر قۇرۇلۇشى قاتارلىقلار ئىشلەندى. بىر يىلدا 9 ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالاندى. سىرتتىن 123 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى، 13 توختام ئىجرا قىلىندى، بۇنىڭغا 260 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 1999 ـ يىلى بېيجىڭ شەھىرىنىڭ چوڭگۇەن رايونى بىلەن دوستانە شەھەر ـ رايون مۇناسىۋىتى ئورنىتىلدى. ھازىر شىخەنزە بىلەن دوستانە شەھەر ـ رايون مۇناسىۋىتى ئورناتقان شەھەر ـ رايون 15 كە يەتتى. دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىن كەلگەن 293 مىڭ ئادەم (قېتىم) ساياھەتچى كۈتۈۋېلىندى.

## پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

شەھەر بويىچە ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 21 مىڭ 700، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار تېخنىكا خادىمى 8200. 1999 ـ يىلى 99 پەن تەتقىقات تۈرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 21 تۈردە زور

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 182.39 | 7 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 69.59 | 5.1 |
| 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 53.36 | 5.8 |
| 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 59.44 | 11.4 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (تۈمەن توننا) | 189.21 | -3.57 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | 1309.6 | 6.3 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 81.97 | 22.72 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (تۈمەن كىلوۋات) | 170.4 | 7.22 |
| تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن دوللار) | 21569 | 14.2 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (100 مىليون يۈەن) | 52.08 | 7.07 |
| شەھەر، يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (100 مىليون يۈەن) | 128.14 | 4.7 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (100 مىليون يۈەن) | 8.03 | 10.8 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (100 مىليون يۈەن) | 22.14 | 15.7 |

ئۈنۈملۈك سۇغىرىلىش كۆلىمى 584 مىڭ 400 گېكتارغا يەتتى. 67 مىڭ 800 گېكتار ئوتلاق بەرپا قىلىندى، 43 مىڭ 100 گېكتار يەردىكى ئوتلاق ياخشىلاندى. ئوبلاست بويىچە چوڭ، ئوتتۇرا تراكتور 13 مىڭ 103، كىچىك تراكتور 51 مىڭ 258، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان يۈك ئاپتوموبىلى 2831. 108 مىڭ 800 توننا خىمىيەۋى ئوغۇت (ساپ ئوغۇتقا سۇندۇرۇلدى) ئىشلىتىلدى، يېزىلاردا 216 مىليون 623 مىڭ 700 كىلوۋات سائەت توك ئىشلىتىلدى. 7295 ئائىلىلىك چارۋىچى يېڭىدىن ئولتۇراقلاشتى، ئولتۇراقلاشقان چارۋىچىلار بارلىق چارۋىچىلارنىڭ %92.80نى ئىگىلىدى.

يېزا - بازار كارخانىلىرى 78 مىڭ 541 گە، كىرىمى 7 مىليارد 962 مىليون يۈەنگە، تاپشۇرغان باج سوممىسى 221 مىليون يۈەنگە، ئالغان ساپ پايدىسى 452 مىليون يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 7 مىليارد 374 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 5 مىليارد 571 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %10.69 ئاشتى؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 92 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %3.32 ئاشتى. دۆلەت سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ۋە يىللىق مەھسۇلات سېتىشتىن قىلىدىغان كىرىمى 5 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان غەيرىي دۆلەت سانائەت كارخانىلىرىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 223 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېغىر سانائەتنىڭ 502 مىليون يۈەن، يېنىك سانائەتنىڭ 721 مىليون يۈەن. 1 مىليارد 289 مىليون 840 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 5 مىليون 248 مىڭ 500 توننا كۆمۈر، 1 مىليون 25 مىڭ 100 توننا سېمونت، 21 مىڭ 800 توننا چويۈن، 2917 كىلوگرام ئالتۇن، 2 مىليون 381 مىڭ 700 مېتىر يۇڭ توقۇلما، 12 مىڭ 500 توننا يىپ، 146 مىڭ 300 توننا شېكەر، 88 مىڭ 200 توننا ئىچىملىك - ھاراق، 110 مىڭ يەشىك تاماكا ئىشلەپچىقىرىلدى. تۇراقلىق مۈلۈككە 2 مىليارد 811 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىگە سېلىنغىنى 2 مىليارد 170 مىليون يۈەن. سېلىنغان مەبلەغنى باشقۇرۇش يوللىرى بويىچە ئايرىغاندا، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 1 مىليارد 698 مىليون يۈەن، يېڭىلاش - ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 370 مىليون يۈەن، ئۆي - زېمىنغا سېلىنغىنى 229 مىليون يۈەن.

چېگرا ئاھالىسىنىڭ ئۆز ئارا سودىسىدا پۈتتۈشۈلگەن

سومما 368 مىليون يۈەنگە، ساياھەت قىلغاچ مال سېتىۋالغۇچىلار ئارقىلىق چېگرىدىن چىقىرىلغان تاۋارلارنىڭ قىممىتى 1 مىليارد 120 مىليون يۈەنگە يەتتى. تاشقى ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرىدىن 13ى تەستىقلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە چەتئەلنىڭ مەبلىغىدىن پايدىلىنىلغان تۈر 8، توختامدىكى سومما 17 مىليون 929 مىڭ 300 دوللار، توختام بويىچە پايدىلىنىدىغان چەتئەلنىڭ مەبلىغى 12 مىليون 339 مىڭ 600 دوللار. چېگرا سىرتىغا مەبلەغ سېلىنغان تۈر 5، توختامدىكى سومما 1 مىليون 910 مىڭ دوللار. توشۇلغان يۈك 33 مىليون 900 مىڭ توننىغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 3 مىليارد 338 مىليون توننا - كىلومېتىرغا، توشۇلغان يولۇچى 18 مىليون 170 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 2 مىليارد 438 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 524 مىليون يۈەنگە يەتتى. يەرلىك توردىكى تېلېفون كوممۇتاتورىنىڭ سىغىمچانلىقى 103 مىڭ 100 توچكا ئاشتى، تېلېفون ئابونېنتىدىن 56 مىڭ 500ى، يانتېلېفون ئابونېنتىدىن 19 مىڭ 684ى، سىمسىز چاقىرغۇ ئابونېنتىدىن 29 مىڭى كۆپەيدى. ئوبلاست بويىچە 323 بازار بولۇپ، بۇ يىل پۈتۈشۈلگەن سومما 1 مىليارد 740 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 5 مىليارد 208 مىليون يۈەنگە يەتتى. مەملىكەت ئىچى - سىرتىدىكى ساياھەتچىلەردىن 1 مىليون 260 مىڭ ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 107 مىليون 721 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى، 9 مىليون 273 مىڭ دوللارلىق تاشقى پېرېۋوت يارىتىلدى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئىلمىي تەتقىقات تۈرىدىن 65ى تاماملاندى، 65 پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى باھالاش تاماملاندى، 3 خىل پەن - تېخنىكا خىراجىتىگە 2 مىليون 720 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا 68 خىل نەتىجە باھالاپ چىقىلدى، 8 نەتىجە ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 24 كەشپىيات دۆلەتنىڭ پاتېنتىغا ئېرىشتى. يىل ئاخىرىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 1521؛ ئوقۇغۇچىسى 457 مىڭ 300 (مىللىي 316 مىڭ 500)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 393، ئوقۇغۇچىسى 217 مىڭ 400 (مىللىي 135 مىڭ 900)؛ ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 2473 (مىللىي 1687)؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم 17، ئوقۇغۇچىسى 12 مىڭ 44 (مىللىي 7233)؛ چوڭلار ئالىي مەكتىپى 4، ئوقۇغۇچىسى 4537؛ چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكومى 15، ئوقۇغۇچىسى 876 (مىللىي 540). ئوبلاست بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 28 مىڭ 690 (مىللىي 19 مىڭ 128)، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 12 مىڭ 928 (مىللىي 7643)، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 3508 (مىللىي 2143). جەمئىي 2637 ئادەم ساۋاتسىزلىقتىن قۇتۇلدى. يىل ئاخىرىدىكى سەنئەت ئۆمىكى 20، مەدەنىيەت يۇرتى 24، ئاممىۋى كۇتۇپخانا 18. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 84%، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 87% بولدى. سەھىيە ئاپپاراتى 811، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 17 مىڭ 865 (دوختۇر 7740)، كارىۋات 12 مىڭ 900. ئوبلاست تەنھەرىكەتچىلىرى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىدە 110 ئالتۇن مېدال، 31 كۈمۈش مېدال، 36 مىس مېدال ئالدى. 380 قېتىم ھەر خىل تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، بۇلارغا 218 مىڭ 600 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى شەھەر ئاھالىسى ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىم 4443 يۈەن، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 3774 يۈەن، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2131 يۈەن، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 6010 يۈەن بولدى. سۇغۇرتىدىن 360 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتا كىرىمى 140 مىليون يۈەن، مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە 72 مىليون يۈەن تۆلەندى، جىسمانىي سۇغۇرتا بويىچە 14 مىليون يۈەن چىقىم قىلىندى. ئوبلاست بويىچە مۇھىت بۇلغىنىشنى قەرەللىك تۈزەش تۈرىدىن 53 ى تاماملاندى. ئىس - تۈتەك، چاڭ - توزان تىزگىنلەنگەن رايوندىن 96 سى بەرپا قىلىندى، بۇلارنىڭ كۆلىمى 52.71 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى؛ مۇھىتتىكى شاۋقۇننى تىزگىنلەشتە ئۆلچەمگە يەتكەن رايون 126، بۇلارنىڭ كۆلىمى 64.64 كۋادرات كىلومېتىر.

☆ 7 - ئايدا ئاپتونوم ئوبلاست تەۋەسىدە 2 ئورۇندىكى قەدىمكى يادىكارلىق، 2 ئورۇندىكى قەدىمكى قەبرىلەر، 6 ئورۇندىكى قەدىمكى ئىمارەت، 2 ئورۇندىكى تاش غار ئىبادەتخانا ۋە تاش ئويما، بىر ئورۇندىكى يېقىنقى - ھازىرقى زامانغا ئائىت مۇھىم تارىخىي يادىكارلىق ۋە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئىمارەت ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

☆ تۇنجى نۆۋەتلىك '99 ئىلى — ئوتتۇرا ئاسىيا مەبلەغ

سېلىش - سودا يەرمەنكىسى 8 - ئاينىڭ 16 — 19 - كۈنلىرىچە غۇلجا شەھىرىدىكى چېگرا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونىدا ئۆتكۈزۈلدى. جەمئىي 243 توختام ئىمزالاندى، سودىدا پۈتۈشۈلگەن سومما 1 مىليارد 272 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە سىرت بىلەن بىرلىشىش تۈرى 9، سوممىسى 47 مىليون 180 مىڭ يۈەن؛ تاشقى سودا توختامى 45، سودىدا پۈتۈشۈلگەن سومما 389 مىليون 200 مىڭ يۈەن.

☆ ئوبلاستلىق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى كۆڭۈل قويۇپ تەييارلاپ چىققان چوڭ تىپتىكى مۇزىكىلىق دراما «ئالتاي تېغىدىكى بىر ئائىلە كىشىلىرى» 10 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئاپتونوم رايون بويىچە يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن نادىر ئويۇنلارنى سوۋغا قىلىپ كۆرسىتىشتە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ليۇ ئەيجۈن

## كۈيتۇڭ شەھىرى

### ئاساسىي ئەھۋالى

كۈيتۇڭ شەھىرى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 253 كىلومېتىر، تۆمۈريول مۇساپىسى 247 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق يېزا بىر، مەھەللە ئىش باشقارمىسى 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 109 مىڭ 186 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 7638)، يېزا نوپۇسى 14 مىڭ 665؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 10.66‰، ئۆلۈش نىسبىتى 2.37‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 8.29‰. شەھەر بويىچە 7616 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار. كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

كۈيتۇڭ شەھىرى — ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەلا سۈپەتلىك پاختا يېتىشتۈرۈش بازىلىرىدىن بىرى. قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە تۈرلىرى كۆپ، سۈپىتى ياخشى. شەھەر تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارى 3 مىليارد 900 مىليون كۇب مېتىر، يەر ئاستى سۈيىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە زاپىسى 120 مىليون كۇب مېتىردىن 140 مىليون كۇب مېتىرغىچە كېلىدۇ.

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ كۈيتۇڭ شەھەرلىك 3 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ شىنچېڭ.

5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: پۇ گاۋ.

شەھەر باشلىقى: ئېركىن سەيسەنباي (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئەن شيەنۋېن.

### يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى شەھەر بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 145 مىليون 610 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 9.9% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 5800 توننا ئاشلىق، 6357 توننا پاختا ئېلىندى. 253.53 گېكتار يەرگە كۆچەت تىكىلدى. 1638 توننا گۆش، 3412 توننا سۈت، 984 توننا تۇخۇم ئېلىندى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 11 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 6.1% ئاشتى؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 340 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2.3% ئاشتى. 734 مىليون 40 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ىشلەپچىقىرىلدى... 

### خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | | 10.4 | 5.6 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 8692 | 5.7 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 4.56 | 3.3 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 4.95 | 8.4 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 5800 | —0.28 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۇياق) | | 31930 | 27.25 |
| تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن دوللار) | | 282 | —13.73 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (100 مىليون يۈەن) | | 5.2 | 6.6 |
| شەھەر، يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (100 مىليون يۈەن) | | 12.99 | 8.06 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 10500 | 8.6 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 7542 | 10.86 |

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

شەھەر بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 2516. پەن - تېخنىكا پىلانىدىكى 12 تۈر يولغا قويۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە «يېڭى قۇرۇلۇق» خىمىيە شىركىتىنىڭ «505 تىپلىق مىكرو كرىستال سېللىيۇلوزانى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەش» تۈرى ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. 3 تۈرلۈك پەن - تېخنىكا نەتىجىسى باھالاندى. «مەملىكەت بويىچە پەن - تېخنىكا خىزمىتىدىكى ئىلغار شەھەر» بويىچە قايتا تەكشۈرۈشتىن ئوڭۇشلۇق ئۆتتى. شەھەردىكى مەكتەپ 39، يېڭىدىن «پۈتۈن دۇنيا»، «قۇملۇق تېرىكى» ناملىق 2 خۇسۇسىي مەكتەپ ۋە كەيگەنچى باشلانغۇچ مەكتىپى قۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە شەھەرگە قاراشلىق باشلانغۇچ مەكتەپ 8، ئوتتۇرا مەكتەپ 5، ئوقۇغۇچىسى 12 مىڭ 717، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 1035؛ ئالىي مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 644، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 214؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم 7، ئوقۇغۇچىسى 1621. مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 6 مىليون 890 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئو، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100كە يەتتى. تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى 73 (دوختۇرخانا 11)، كارىۋات 1111، سەھىيە كەسپىي تېخنىكا خادىمى 1739. «مەملىكەت بويىچە چىش كېسەللىكلىرىدىن مۇداپىئە كۆرۈشتىكى ئىلغار شەھەر» دېگەن نامغا يەنە بىر قېتىم ئېرىشىلدى. 1999 - يىلى 31 قېتىم ھەرخىل تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 16 مىڭ ئادەم (قېتىم) قاتناشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە 9 - قېتىملىق تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە شەھەر تەنھەرىكەتچىلىرى 31 ئالتۇن مېدال، 7 كۈمۈش مېدال، 4 مىس مېدال ئالدى، 8 كىشى ئاپتونوم رايوننىڭ رېكورتىنى بۇزۇۋەتتى. شەھەر يەنە بىر قېتىم «مەملىكەت بويىچە يېنىك ئاتلېتىكا ماكانى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىم 5160 يۈەنگە يەتتى. شەھەردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە 250 مىليون 930 مىڭ يۈەن مائاش تارقىتىلدى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 6638 يۈەندىن توغرا كەلدى. ھەرخىل مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ سۇغۇرتىلاش سوممىسى 5 مىليارد 614 مىليون يۈەنگە، مال - مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 15 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە، جىسمانىي سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 27 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى 6 مىليون 200 مىڭ يۈەن، جىسمانىي سۇغۇرتا

بويىچە 1 مىليون 530 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى، 5 مىليون 260 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىندى. دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش كاپالىتى ئۈچۈن 2 مىليون 380 مىڭ يۈەن، پاشانغانلار كۈتۈنۈش سۇغۇرتا ھەققى ئۈچۈن 15 مىليون 340 مىڭ يۈەن، ئىشسىزلىق سۇغۇرتا ھەققى ئۈچۈن 1 مىليون 110 مىڭ يۈەن پۇل تارقىتىلدى. ماكانلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلانغان كۆلەم 110 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى. كەيگەنچى يېزىسىدىكى نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى ئاساسەن ئاياغلاشتى، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 900 يۈەنگە يېقىنلاشتى، ئۇلار نامراتلىقتىن ئاساسەن قۇتۇلدى. 196 مىڭ 500 تۈپ كۆچەت تىكىلدى، 37 مىڭ 700 كۋادرات مېتىر يەرگە چىم ياتقۇزۇلدى، 6.78 گېكتار كۆكلۈمەيدان كۆپەيتىلدى. 3 - ئايدا كۈيتۇڭ شەھىرى «ئاپتونوم رايون بويىچە ،تەڭرىتاغ لوڭقىسى، مۇسابىقىسىدە ئىلغار شەھەر» دېگەن نامغا ئېرىشتى، 1998 - يىللىق «مەملىكەت بويىچە شەھەر مۇھىتىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەشتىكى مۇنەۋۋەر شەھەر» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

## كۈيتۇڭ ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى قۇرۇلۇشى

1999 - يىلى تەرەققىيات رايونىنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 200 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %11 ئاشتى؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 49 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %6 ئاشتى. سېتىشتىن كىرگەن كىرىم 220 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %181 ئاشتى؛ باج كىرىمى 15 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %71 ئاشتى. 34 كارخانىنى رويخەتكە ئېلىش تەستىقلاندى، رويخەتكە ئېلىنغان مەبلەغ 180 مىليون يۈەنگە يەتتى. پۈتكەن ياكى ياسىلىۋاتقان تۈر 17، بۇلارغا سېلىش پىلانلانغان مەبلەغ 125 مىليون يۈەن، سېلىنغان مەبلەغ 80 مىليون يۈەن. «ئالتۇن يوپۇرماق» مەتبەئە چەكلىك شىركىتى، كۈيتۇڭ تۆمۈريول پاتاق بىناسى، ئىلى ئوبلاستلىق كۈيتۇڭ ئاپتوموبىل ئۆلچەش پونكىتى قاتارلىق ياسىلىۋاتقان تۈرلەر پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. ئىسپىرت ئىشلەپچىقىرىش تۈرى، «جياڭخۇا» ئىنچىكە ئۈچەينى پىششىقلاپ ئىشلەش تۈرى، ئالاھىدە نېفىت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىرىش تۈرى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. يېزا ئىگىلىكىدىكى ئاكتىپ خىمىيىۋى ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش تۈرىدە زاۋۇت بىناسىنى ئۆزگەرتىش ۋە ئۈسكۈنىلەرنى قۇراشتۇرۇش تاماملاندى. مىكرو كرىستال سېللىيۇلوزانى ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى ۋە يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول كۈيتۇڭ باشقۇرۇش ئورنى

پاسالماقتا.

## كەسىپلەر بازىرىنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالى

1999 - يىلى كۈيتۇڭ شەھىرى «چوڭ بازار قۇرۇپ، چوڭ ئوبوروتنى ئىلگىرى سۈرۈش» نىشانىنى چۆرىدەپ، كەسىپلەر بازىرى قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنى يېتىلدۈرۈش يۈزىسىدىن بىر قاتار ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى ئېلان قىلدى، بىكار تۇرغان مۈلۈكلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، كۆپ تەرەپلىمە مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈپ، بازار قۇردى. ئۆي جاھازلىرى، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، كونا ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرى، خەۋەرلىشىش سايمانلىرى، كۆكتات ۋە مېۋە - چېۋىلەرنى توپ سېتىش، قوشۇمچە يېمەكلىكلەر بازىرىدىن ئىبارەت 6 چوڭ كەسىپ بازىرى تىجارەتكە كىرىشتى، ئۇلارنىڭ كۆلىمى 100 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ، تىجارەت قىلغۇچىلار 350 تىن ئاشىدۇ، بازاردىكى سودىدا پۈتۈشۈلگەن سومما 100 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتتى.

☆ 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شىنجاڭ يىراق مۇساپىلىق مائارىپ بويىچە تۇنجى تور پونكىتى — كۈيتۇڭ 1 - ئوتتۇرا تور مەكتىپى ئېچىلدى.

☆ 7 - ئايدا شىنجاڭ پاپىرۇس زاۋۇتى ساپ مۈلكى بىلەن شەندۇڭ گېنېرال گۇرۇھىغا پاي قوشتى. 10 - ئاينىڭ 11 - كۈنى گېنېرال گۇرۇھى شىنجاڭ پاپىرۇس زاۋۇتىنىڭ ۋەزىپىگە ئېلىش مۇراسىمى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى.

☆ 11 - ئايدا كۈيتۇڭ شەھىرى كەيگەنچى يېزىسىنى قۇرۇش ئىجازىتىگە ئېرىشتى.

چيەن شياۋچېن

# ئىلى ۋىلايىتى

## ئاساسىي ئەھۋالى

ئىلى ۋىلايىتى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ غەربىي قىسمىغا، ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا جايلاشقان. مەمۇرىي مەھكىمە تۇرۇشلۇق جايدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 702 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى ۋىلايەتكە قاراشلىق ناھىيە 8، شەھەر بىر. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 2 مىليون 89 مىڭ 800 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 1 مىليون 405 مىڭ 300)، يېزا نوپۇسى 1 مىليون 325 مىڭ 800؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰11.89، ئۆلۈش نىسبىتى ‰3.16، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰8.73. ۋىلايەت بويىچە 287 مىڭ 800 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 192 مىڭ 700 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 12 مىڭ 300 گېكتار)،

97 مىڭ 100 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ يېرىم قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ئىلى ۋىلايىتى — شىنجاڭنىڭ ئاشلىق، ياغلىق دان، شېكەر ماتېرىياللىرى، چارۋا مەھسۇلاتلىرى چىقىدىغان مۇھىم بازىسى. «قىزىل يەر شارى» ئۈزۈمى، ئىلى قىزىل ئالمىسى، ئەلا سۈپەتلىك شال، پۇراقلىق تاماكا قاتارلىق كەڭ داڭلىق ئالاھىدىلىككە ئىگە 10 تېرىقچىلىق رايونى شەكىللىنىپ، بىر تۈركۈم ئالاھىدە مەھسۇلاتلار ئىشلەپچىقىرىلدى. «قىزىل يەر شارى» ئۈزۈمى 1999 - يىلى كۈنمىڭ دۇنيا باغۋەنچىلىك كۆرگەزمىسىدە ئالتۇن مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ۋىلايەت تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارى 16 مىليارد 800 مىليون كۇب مېتىر، يەر ئاستى سۇ زاپىسى 1 مىليارد 600 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ. ئورمانلىق كۆلىمى 240 مىڭ گېكتاردىن ئاشىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە تاغلىق رايوندىكى ئورمانلىق كۆلىمى 200 مىڭ گېكتار. ئوتلاق كۆلىمى 3 مىليون 466 مىڭ 700 گېكتار. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن 4 پەنجىلىك تاشپاقا، شىنجاڭ سالاماندراسى، تەڭرىتاغ بۇغىسى، يىلپىز، جەرەن قاتارلىقلار بار. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن ئىلى سوغىگۈلى، چۈچۈكبۇيا، چاكاندا، ئىلى كەتىراسى، ياۋا دولانا قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، تۆمۈر، مىس، ئالتۇن، چىرىستال، تاشپاختا قاتارلىقلار بار. ۋىلايەت تەۋەسىدە قورغاس، دولاتا، مۇزئارتتىن ئىبارەت دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك 3 پورت ۋە غۇلجا 2 - دەرىجىلىك پورتى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئىلى ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ گولياڭ؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: قۇربانجان مەھەممەت، يى شيەنجيا (1 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، قايسار جايدار (قازاق)، زوردۇن غوجا، دىڭ داۋېي (12 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، خۇاڭ جيەنجۇاڭ.

ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئىلى ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئايدار ئاقان (قازاق)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: چياۋ جىڭاڭ (3 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ئەلى سېيىت، ئەنۋەربېك بېكارىس (قازاق)، تۇڭ ليەنچاڭ (3 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ۋالىيسى: قۇربانجان مەھەممەت؛ مۇئاۋىن ۋالىيلىرى: ئاقمېتبېك ئەنۋەربېك (قازاق)، ياڭ يۈجۈن، جاڭ جىنخۇا.

ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: يى شيەنجيا؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: يۈسۈپ مېھرۇللا، سۈڭ جىنشاڭ (10 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جاڭ يۇشيەن (12 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ئەزىمباي مىرزاقۇل (قازاق، 10 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى ۋىلايەت بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 827 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 2 مىليارد 729 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %10.02 ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 1 مىليون 77 مىڭ 300 توننا ئاشلىق، 112 مىڭ 600 توننا ياغلىق دان، 19 مىڭ 100 توننا چىگىت ئېلىندى. 3318 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. 115 مىڭ 500 توننا گۆش، 220 مىڭ 900 توننا سۈت، 12 مىڭ توننا قوي يۇڭى، 43 مىڭ 300 توننا تۇخۇم، 8093 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 176 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 2370 ئېقىم مىقدارى - كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى، 10 مىڭ 700 گېكتار يەر تۈزلەندى. 687.5 كىلومېتىر غول تاشيول ئۆزگەرتىپ ياسالدى، بۇنىڭغا 223 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ساياھەتچىلىك ئۇل قۇرۇلۇشىغا 10 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. «خەلق» مەيدانىنى ئۆزگەرتىپ ياساش تاماملاندى. 15 مىليون 410 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ئىلى دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا، يۇقىرى ئېقىمىدىكى ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى تاماملاندى، تىزگىنلەش كۆلىمى 6700 گېكتارغا يەتتى. ئىلى دەرياسىدىن سۇ باشلىنىدىغان چوڭ سۇغىرىش رايونى قۇرۇلۇشى، تېكەس دەرياسىدىن سۇغىرىش رايونىغا سۇ باشلاش تۈگۈنىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى قاتارلىق نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلاردا ئوڭۇشلۇق ئىلگىرىلەش بولدى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تىجارەت كىرىمى 3 مىليارد 910 مىليون يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 162 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 1 مىليارد 669 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %13.4 ئاشتى؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 651 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %8.05 ئاشتى. 730 مىليون 830 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 2 مىليون 683 مىڭ توننا كۆمۈر، 506 مىڭ 400 توننا سېمونت، 1 مىليارد 348 مىليون 290 مىڭ دانە خىش، 123 مىڭ 914 توننا شېكەر ئىشلەپچىقىرىلدى. 73 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان 300 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق ئەرزان، ئەپلىك تۇرالغۇ ئۆي پايدىلىنىشقا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 670 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | | 68.36 | 7.9 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 31.4 | 5 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 18 | 9 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 19.1 | 12.4 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 1077300 | —2.64 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 603.81 | 6.58 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | | 38.36 | 29.28 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (تۈمەن كىلوۋات) | | 57.9 | 3.58 |
| تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن دوللار) | | 3431 | 27.26 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (100 مىليون يۈەن) | | 19.66 | 8.36 |
| شەھەر، يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (100 مىليون يۈەن) | | 72.86 | 8.34 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 32648 | 11.63 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 87656 | 22.02 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 4 مىليارد 593 مىليون يۈەن.

ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 275 مىليون يۈەن، يېڭىلاش - ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 105 مىليون يۈەن، باشقا تۈرلەرگە سېلىنغىنى 90 مىليون يۈەن. ئىچكى جەھەتتىن بىرلىشىش توختامىدىن 80ى ئىمزالاندى، 69 توختام ئەمەلىيلىشىپ، 298 مىليون يۈەن مەبلەغ نەقلەشتى. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 1 مىليارد 435 مىليون 150 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 973 مىليون 420 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 211 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلغان تېلېفون ئابونېنتى 23 مىڭ 900غا، يىل ئاخىرىدىكى تېلېفون ئابونېنتى 143 مىڭ 100گە، يانتېلېفون ئابونېنتى 16 مىڭ 550 كە، سىمسىز چاقىرغۇ ئابونېنتى 51 مىڭ 362 گە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 177 مىليون 150 مىڭ يۈەن، بازاردىكى سودىدا پۇتتۇشۇلگەن سومما 953 مىليون 260 مىڭ يۈەن بولدى. ساياھەتچىلەردىن 500 مىڭ ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە چەت ئەللىك ساياھەتچى 9922 ئادەم (قېتىم)، ساياھەتچىلىكتىن 30 مىليون 500 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى، 136 مىڭ 400 دوللار تاشقى پېرېۋوت يارىتىلدى. ساياھەت قىلغاچ مال سېتىۋالغۇچىلاردىن 7400 ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، چېگرا ئاھالىسىنىڭ ئۆز ئارا سودىسىدا پۇتتۇشۇلگەن سومما 308 مىليون يۈەن بولدى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ۋىلايەت بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 1701. ۋىلايەت بويىچە 16 پەن - تېخنىكا نەتىجىسى باھالاشتىن ئۆتتى، 4 تۈرلۈك پەن - تېخنىكا نەتىجىسى ئاپتونوم رايون بويىچە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپات بىر، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپات بىر، 4 - دەرىجىلىك مۇكاپات 2. ئاساسلىق ئىلمىي تەتقىقات تۈرلىرىدىن تېرەكنىڭ سورتىنى سىرتتىن كەلتۈرۈش تەجرىبە تەتقىقاتى، ئىلى ۋىلايىتىدىكى چارۋىچىلارنىڭ ئەڭ ياخشى ئولتۇراقلىشىش ئەندىزىسى ئۈستىدە تەتقىقات، شاخ - پاخال، ئوت - چۆپلەرنى ئۇنۇملۇك ماشىنىلاشقان ھالدا پىششىقلاپ

ئىشلەش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش قاتارلىقلار بار. باشلانغۇچ مەكتەپ 771 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 439)، ئوقۇغۇچىسى 271 مىڭ 488 (مىللىي 209 مىڭ 36)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 164 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 84)، ئوقۇغۇچىسى 122 مىڭ 463 (مىللىي 86 مىڭ 492)؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم 4، ئوقۇغۇچىسى 3130. ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 31 مىڭ 352، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 11 مىڭ 748، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 18 مىڭ 891، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇتقۇچىسى 713. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 80%، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 88% بولدى. 3 مىليون 647 مىڭ 400 نۇسخا گېزىت چىقىرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرچىسى 594 مىڭ 900، خەنزۇچىسى 2 مىليون 312 مىڭ 500، قازاقچىسى 740 مىڭ. سەھىيە - تېببىي داۋالاش ئاپپاراتى 202، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا 52، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى 12، ئاياللار - بالىلار سەھىيە ئاپپاراتى 9؛ كارىۋات 6195؛ كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 8036، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 3188، سېستىرا 1281، ياردەمچى سېستىرا 1083. ۋىلايەت تەنھەرىكەتچىلىرى 1999 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، يېنىك ئاتلېتىكا تۈرلىرىدە 3 ئالتۇن مېدال، بىر كۈمۈش مېدال، بىر مىس مېدال ئالدى، بىر تۈردە رېكورتنى بۇزۇپ تاشلىدى، ۋاسكېتبول، ۋالېبول، چېلىشىش، رۇداۋچە چېلىشىش، ئوقيا ئېتىشتىن ئىبارەت 5 تۈردە 6 ئالتۇن مېدال، 4 كۈمۈش مېدال، 11 مىس مېدال ئالدى. ۋىلايەت بويىچە 162 مىڭ ئوقۇغۇچى «دۆلەتلىك تەنتەربىيىدە چېنىقىش ئۆلچىمى»گە يەتتى.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى شەھەر - بازارلاردىكى ئاھالىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرمۇش چىراجىتى كىرىمى 3856 يۈەنگە، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1932 يۈەنگە يەتتى. دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ 58%ى يىل ئاخىرىدا قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت مەركەزلىرىگە كىردى. ۋىلايەت بويىچە 39 مىڭ 674 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغانلار كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 16 مىڭ 544 كىشى دەم ئېلىش، پېنسىيە خىراجىتىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش غەملەشكە قاتناشتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 50 مىليون 830 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 30 مىليون 530 مىڭ يۈەن، جىسمانىي سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 20 مىليون يۈەن؛ 25 مىليون 588 مىڭ يۈەن ھەرخىل تۆلەم تۆلەندى. 10 مىڭ 484 ئادەم ئەلڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى ياردىمىگە ئېرىشتى، شەھەر، بېزىلاردىكى ھەرخىل ئىجتىمائىي ياردەم ئوبيېكتلىرىدىن 48 مىڭ 925 ئادەم (قېتىم) ياردەمگە ئېرىشتى، ھەر خىل نەپىقە ئوبيېكتلىرىدىن 5196 ئادەم دۆلەتنىڭ نەپىقە، ياردىمىگە ئېرىشتى. نامراتلارنى يۆلەش قۇرۇلۇشىدا يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى، 17 مىڭ 800 ئادەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، 200 ئائىلە باشقا جايغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ۋىلايەت بويىچە يىل ئاخىرىدىكى مۇھىتنى كۆزىتىش - ئۆلچەش پونكىتى 10، مۇھىتنى كۆزىتىش - ئۆلچەش خىزمەتچىسى 97، تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدىن 6 سى قۇرۇلدى. مۇھىتنىڭ ھاۋا سۈپىتى ئىقتىدارى رايونىدىن 4ى يۈزتى، ئۇلارنىڭ كۆلىمى 26.41 كۋادرات كىلومېتىر؛ مۇھىتتىكى شاۋقۇننى تىزگىنلەشتە ئۆلچەمگە يەتكەن رايون 4، ئۇلارنىڭ كۆلىمى 26.45 كۋادرات كىلومېتىر. ئىلى دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا، يۇقىرى ئېقىمىدىكى ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ئۇنىۋېرسال قۇرۇلۇشىدا 6700 گېكتار كۆلەم تىزگىنلەندى.

جاڭ سەيخۇڭ

# غۇلجا شەھىرى

## ئاساسىي ئەھۋالى

غۇلجا شەھىرى ئىلى دەريا ۋادىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان، جەنۇب تەرىپى ئىلى دەرياسىغا يېقىن، شىمال تەرىپى غەربىي تەڭرىتاغ تارمىقىدىكى كۆكىرچىن تېغى بىلەن ياندىش. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 702 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق يېزا 6، بازار بىر، دۆلەت دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەيدانى (فېرمىسى) 3، مەھەللە ئىش باشقارمىسى 8. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 338 مىڭ 100 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 210 مىڭ 995)، غەيرىي يېزا نوپۇسى 232 مىڭ 389؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 14.2‰، ئۆلۈش نىسبىتى 4.07‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 10.13‰. شەھەر بويىچە 10 مىڭ 280 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 8370 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 4970 گېكتار) تېرىلدى. كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى كىلىماتىغا كىرىدۇ.

غۇلجا شەھىرى تەۋەسىدە 50 مىڭ 794 گېكتار تۈزلەڭ ئورمانلىق، 66 مىڭ 900 گېكتار ئوتلاق بار. سۇ بۇلغۇنى، تەڭرىتاغ بۇغىسى قاتارلىق ھايۋانلار بار. ئىلى دەرياسىدا سازان بېلىق كۆپ. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن، ئاساسلىقى، ھەمىن،

چۇچۇكبۇيا، ئەگلىكئوت قاتارلىقلار بار. كۆمۈر بايلىقى مول، كۆمۈر قاتلىمى قېلىن، كۆمۈرى ئەلا سۈپەتلىك. باياندايدىكى ئوت ئارشاڭدا يەر ئىسسىقلىقى ئارقىلىق بوغۇم ياللۇغى، ئاياللار كېسەللىكلىرى قاتارلىق ھەرخىل كېسەللىكلەرنى داۋالىغىلى بولىدۇ. مەشھۇر سەيلىگاھلاردىن ئىلى دەرياسى كۆۋرۈكى، خەتبىلىك يېزىسىنىڭ شىپىگى، تاشكۆۋرۈك يېزىسىنىڭ شىپىگى، ئاماللەر تۇرالغۇ كوچىسى، لىن زېشۇ خاتىرە سارىيى قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ غۇلجا شەھەرلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لى شۇجۇاڭ.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ھەسەن ئىبراھىم.

شەھەر باشلىقى: تۇرغان پىدا (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: لىن سۇڭنيەن.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى شەھەر بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 196 مىليون 290 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %6.73 ئاشتى. 45 مىڭ 931 توننا ئاشلىق، 2735 توننا ياغلىق دان، 47 مىڭ 786 توننا قىزىلچا، 13 مىڭ 925 توننا كۆكتات، 9066 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. 241.07 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئورمانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون 997 مىڭ 400 يۈەنگە يەتتى. 5175 توننا گۆش (بۇنىڭ ئىچىدە كالا، قوي گۆشى 4548 توننا)، 19 مىڭ 972 توننا سۈت، 461 توننا يۇڭ، 1159 توننا تۇخۇم ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق قۇرۇلۇشىغا 5 مىليون 265 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. كۆۋرۈك، سۇڭگۇچ، چۈشۈرگە قاتارلىق ھەرخىل ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشلىرى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، 9 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى، سۇ سىڭمەسلىك نىسبىتى %88 تىن ئاشتى. 1333.3 گېكتار بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈلدى، سۇغىرىش كۆلىمى 100 گېكتار كۆپەيتىلدى. قاشالانغان ئوتلاق كۆلىمى 666.7 گېكتارغا يەتتى. يېزا - بازار كارخانىسى 3862گە،

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | | 15.79 | 7.5 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 1.92 | 1.8 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 6.45 | 6.5 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 7.42 | 11.4 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 45931 | 6.14 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 17.72 | 7 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | | 7.2 | 11.76 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (تۈمەن كىلوۋات) | | 3.12 | 2.97 |
| شەھەرگە تەۋە ئورۇنلارنىڭ تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن دوللار) | | 867 | 17.64 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (100 مىليون يۈەن) | | 6.59 | 10.21 |
| شەھەر، يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 275240 | 20.51 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (100 مىليون يۈەن) | | 1.39 | 7.62 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (100 مىليون يۈەن) | | 1.51 | 11.98 |

كىرىمى 1 مىليارد 11 مىليون يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 623 مىليون 260 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 530 مىليون 500 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %13.01 ئاشتى؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 196 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %6.18 ئاشتى. 256 مىڭ 800 تونىنا كۆمۈر، 70 مىڭ 800 تونىنا سېمونت، 26 مىليون 290 مىڭ دانە خىش، 14 مىڭ 956 تونىنا ئىچىملىك - هاراق، 822 تونىنا فابرىكا قەندى ۋە قەغەز پەنەركە ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 161 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 20 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش قۇرۇلۇشىنىڭ داۋامى پۈتتۈرۈلدى، ئىسسىتىش كۆلىمى 200 مىڭ كۋادرات مېتىر قوشۇلدى، جەمئىي ئىسسىتىش كۆلىمى 720 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 3 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنغان «تەڭرىتاغ» ئارقا كوچىسىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى تاماملاندى. شەھەر قىياپىتىنى گۈزەللەشتۈرۈشكە 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 29 مىڭ كۋادرات مېتىر يول رېمونت قىلىندى، كۆۋرۈك ۋە سۇغۇچلەردىكى 834 كۇب مېتىر ئەخلەت ۋە لاتقا تازىلاندى، 124 يول چىرىغى كۆپەيتىلدى، مەركىزىي گۈللۈككە نېئون چىرىغى ئورنىتىلدى. 8 مىليون يۈەن مەبلەغ جۇغلىنىپ، ئەسلىدىكى «ياشلار» باغچىسى ئارام ئېلىش، كۆڭۈل ئېچىش، يىغىلىش بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن كۆكلەمزارلىق قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. 1999 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق رايوننىڭ ئىمپورت، ئېكسپورت سوممىسى 70 مىليون 110 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەرگە تەۋە ئورۇنلارنىڭ ئىمپورت، ئېكسپورت سوممىسى 8 مىليون 670 مىڭ دوللار. ئىچكى ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرىدىن 35ى ئىمزالاندى، بۇنىڭ سوممىسى 108 مىليون 340 مىڭ يۈەن؛ 30 تۈر ئەمەلىيلەشتى، تۈرلەردە ۋەدىگە ۋاپا قىلىنىش نىسبىتى %85.71 بولدى، 84 مىليون 140 مىڭ يۈەن مەبلەغ نەقلەشتى. شەھەر ئىچىدە 305 ئاپتوبۇس قاتنايدۇ، يىللىق توشۇلغان يولۇچى 18 مىليون ئادەم (قېتىم) گە يەتتى، ئادەم توشۇيدىغان كىرا ئاپتوموبىلى 1500 گە يېتىدۇ. شەھەرگە قاراشلىق رايونلاردا پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 8 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 61 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى تېلېفون كوممۇتاتورىنىڭ سىغىمچانلىقى 96 مىڭ 727 توچكىغا، شەھەر تېلېفون ئابونېنتى 39 مىڭ 703كە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

شەھەر بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 1332. بىر ئۆز ئاپتونوم رايوننىڭ ياش «ئۇچقۇن» باشلامچىلىرىنى يېتىشتۈرۈشتىكى 10 يىللىق نەتىجە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. باشلانغۇچ مەكتەپ 54 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 32، مىللىي ئوقۇغۇچىلار بىلەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان باشلانغۇچ مەكتەپ 13)، ئوقۇغۇچىسى 36 مىڭ 594 (مىللىي 20 مىڭ 530)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ بىلەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ قوشۇۋېتىلگەن مەكتەپ 3 (مىللىي ئوقۇغۇچىلار بىلەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان مەكتەپ بىر)؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 10 (مىللىي تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 4، مىللىي ئوقۇغۇچىلار بىلەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 2)، ئوقۇغۇچىسى 13 مىڭ 846 (مىللىي 7606)؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ بىلەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ قوشۇۋېتىلگەن مەكتەپ 6 (مىللىي مەكتەپ)؛ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ (كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ شۇنىڭ ئىچىدە) 3، ئوقۇغۇچىسى 5002 (مىللىي 2446). باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 1926، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 1042، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 332. مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا خام چوت ئىچىدە 6 مىليون 460 مىڭ يۈەن، خام چوت سىرتىدا 2 مىليون 510 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 20 مىڭ 119 كۋادرات مېتىر مەكتەپ ئۆي - ئىمارىتى سېلىندى ۋە ئۆزگەرتىپ ياسالدى. رادىئو، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100كە يەتتى. 172 مىڭ كىتاب ساقلىغىلى بولىدىغان يېڭى كۇتۇپخانا ياسىلىپ پۈتتى. تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى 56، كارىۋات 342، سەھىيە تېخنىكا خادىمى 843 (ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 121).

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىم 3856.49 يۈەنگە يەتتى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2336 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 6543 يۈەنگە يەتتى. شەھەرگە قاراشلىق رايونلارنىڭ سۇغۇرتىلاش سوممىسى 6 مىليارد 665 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 67 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە يەتتى. باغ - ئورمان كۆكلەمزار كۆلىمى 1080 گېكتارغا يەتتى، شەھەر رايونىنىڭ كۆكەرتىلىش نىسبىتى %42.79كە يەتتى.

☆ 8 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، غۇلجا شەھەر «خەلق» مەيدانى ياسالدى.

خو خۇيمىن

# غۇلجا ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

غۇلجا ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئىلى دەريا ۋادىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 730 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 18، دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانى 2. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۇەننىڭ ناھىيە تەۋەسىدە تۇرۇشلۇق نوپۇسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 380 مىڭ 437 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 310 مىڭ 54)، يېزا نوپۇسى 330 مىڭ 782؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 12.35‰، ئۆلۈش نىسبىتى 3.26‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 9.09‰. ناھىيە بويىچە 67 مىڭ 440 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 54 مىڭ 427 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇسى 9707 گېكتار)، 22 مىڭ 740 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئېگىز تېرىلغۇسى 4713 گېكتار) تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى يېرىم قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

غۇلجا ناھىيىسى ئەزەلدىن «ئۈرۈك ماكانى» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. ناھىيە تەۋەسىدە قاش دەرياسى، بور بوسۇن غولى، جىرغىلاڭ غولى، پىلىچى غولىدىن ئىبارەت 4 چوڭ دەريا - ئېقىن بار، بۇلارنىڭ سۇ ئېنېرگىيە زاپىسى 431 مىڭ 800 كىلوۋاتقا يېتىدۇ. قاش دەرياسىنىڭ شەرقىي ياقىسىدىكى دېلتىسىدىكى 4 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك كىچىك يوپۇرماقلىق ئەرمۇدۇن مۇھاپىزەت رايونى بار، بۇ، مەملىكەت بويىچە بىردىنبىر ياۋا ئەرمۇدۇن مەركەزلىك تارقالغان جاي ھېسابلىنىدۇ. تايغان بۇغا، كۆكمەت قاتارلىق 18 خىل دورىلىق ھايۋان، توشقانقۇلاق، چاكاندا، سېسىق ھەڭ قاتارلىق 521 خىل (خىلى 101، ئۇرۇقدىشى 326) دورىلىق ئۆسۈملۈك بار. سېسىق ھەڭ قاش يېزىسىنىڭ چوڭبۇلاق ئەتراپىدا ئۆسىدۇ، كۆلىمى 1984 گېكتار كېلىدۇ، بۇ، مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ ھەڭ چىقىدىغان جايلاردىن بىرى. ئاساسلىق قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، ئاليۇمىن، ئالتۇن، ھاك تېشى، بارىت، كاۋۇلىڭ تېشى قاتارلىقلار بار. سەيلىگاھلاردىن سۇلتان ئۇۋەيسى مازىرى، كىچىك يوپۇرماقلىق ئەرمۇدۇن ئورمانلىقى، قاتتىق دۇب ئورمانلىقى ئىستىراھەت كەنتى، ئايىورۇق شەھىرى خارابىسى قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ غۇلجا ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: چېن جيەنخۇا.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئوسمانجان ئاۋاكرى.

ھاكىم: دىلشات روزى.

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: توختەم تېيىپ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 836 مىليون 276 مىڭ 900 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 686 مىليون 838 مىڭ 900 يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 16.55% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 350 مىڭ توننا ئاشلىق، 19 مىڭ 136 توننا ياغلىق دان، 124 توننا پاختا، 22 مىڭ 732 توننا قىزىلچا، 6289 توننا زىغىر، 1845 توننا كۆك تاماكا، 217 مىڭ 257 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى، 22 مىڭ 387 توننا گۆش، 39 مىڭ 413 توننا سۈت، 1418 توننا يۇڭ، 478 مىڭ 733 پارچە تېرە، 29 مىڭ 934 توننا تۇخۇم، 3545 توننا بېلىق ئېلىندى. قولدا قالغان ئۆي قۇشى 4 مىليون 69 مىڭغا يېتىپ، 113.5% ئاشتى. 1038 گېكتار يەرگە 947 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى، ئىقتىسادىي ئورمان 584.07 گېكتار كۆپەيدى، 59.6 گېكتار سۈپىتى ناچار مېۋىلىك باغ، 958 گېكتار تۆۋەن مەھسۇلاتلىق مېۋىلىك باغ ئۆزگەرتىلدى. ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 62 مىليون 580 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى، 22 سۇ ئىنشائاتى تاماملاندى، 336.68 كىلومېتىر 3 دەرىجىلىك ئېرىق - ئۆستەڭ سۇ سىڭمەس قىلىنىپ ياسالدى، ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى يورۇشلەشتۈرۈش ئىنشائاتىدىن 274ى ياسالدى، 1349 ئىنشائات رېمونت قىلىندى، 600 گېكتار ئوتتۇرا، تۆۋەن مەھسۇلاتلىق ئېتىز ئۆزگەرتىلدى، 1000 گېكتار يەرنىڭ سۇغىرىلىش شارائىتى ياخشىلاندى. 450 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان 5 سۇنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشى تاماملاندى، بۇ ئارقىلىق 266 مىڭ 600 ئادەم ۋە 537 مىڭ 600 تۇياق چارۋىنىڭ ئىچىملىك سۈيى ھەل قىلىندى. كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش، كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇشقا 10 مىليون 88 مىڭ 400 يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، تارىختا ئاز كۆرۈلگەن كەلكۈننىڭ ھۇجۇمى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىندى. ناھىيە بويىچە 280 مىڭ گېكتار ئوتلاق بار، 6480 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى، 600 سۇلياۋ يوپۇق يېپىلغان ئىسسىق ئېغىل -

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 114400 | 32.18 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (تۈمەن توننا) | 35 | 2.87 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | 92.14 | 5 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 43625 | 32.21 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (تۈمەن كىلوۋات) | 13.99 | 10.59 |
| تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | 8314 | |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | 20114 | —0.87 |
| بازار، يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | 31406 | —1.77 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | 3812 | 12.85 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | 10649 | 21.22 |

**ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 857 مىليون 470 مىڭ يۈەن.**

قوتان سېلىنىدى، ھازىر 5940 گېكتار سۇغىرىلىدىغان ئوتلاق بار. ناھىيە ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىدا ئىلى ۋىلايىتى بويىچە «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇسابىقىسىدە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ كىرىمى 536 مىليون 590 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 440 مىليون 130 مىڭ يۈەن) گە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 237 مىليون 280 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 185 مىليون 200 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 13.13% ئاشتى. 461 مىڭ توننا كۆمۈر، 28 مىڭ توننا سېمونت، 20 توننا جىياڭيۇ، 50 توننا ئاچچىقسۇ، 716 توننا ئاق ھاراق، 440 توننا سۈت ياسالمىسى، 63 مىڭ 200 توننا ئۇن، 23 مىڭ 502 توننا ئارىلاشما يەم - خەشەك، 7659 توننا مۇ يېغى، 38 مىڭ 400 قۇر كىيىم - كېچەك، 1300 جۈپ خۇرۇم ئاياغ كىيىم، 38 مىڭ 731 كۇب مېتىر تاختاي، 264 مىليون 250 مىڭ دانە ئۆلچەملىك خىش، 6851 ياغاچ ئۆي جاھازى، 1505 توننا سېمونت يۇندا تۇرۇبىسى، 9200 لىڭ سىدام باسما ماتېرىيال، 1800 كۇب مېتىر سۇنئىي تاختاي، 240 توننا قەنت - گېزەك، 80 مىڭ توننا ھاك تاش، 3200 توننا كاۋلىنىڭ تېشى، 43 مىڭ 900 سەر ئالتۇن (ناھىيە تەۋەسىدە)، 461 مىڭ 250 توننا تۇرۇبا سۈيى ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 116 مىليون 820 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى. ناھىيە بويىچە ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا 90 مىليون 288 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ناھىيە بازىرىدىكى 6 ئاساسلىق كوچىنىڭ 5 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى 70 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق يولىنى سېمونت بىلەن قاتتىقلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى، ئۆلكە يولى غۇلجا — بايتوقاي تاشيولىنىڭ 49 كىلومېتىرلىق بۆلىكىنى كېڭەيتىپ ياساش قۇرۇلۇشى، ناھىيە يېزىلىرىدىكى ئېلېكتر تورىنى 1 - قارارلىق ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى، ناھىيە - يېزا يوللىرىنىڭ 12 كىلومېتىر قىسمىغا ئاسفالت ياتقۇزۇش قۇرۇلۇشى تاماملاندى. توشۇلغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 57 مىليون 200 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 5 مىليون 760 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 13 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە، پوچتا - تېلېگرافنىڭ ھەق ھېسابلانغان كىرىمى 14 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە بازار، يېزىلاردىكى تېلېفون ئابونېنتى 15 مىڭ 134 كە، پروگراممىلىق تېلېفون 16 مىڭ توچكىغا يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي

تېخنىكا ۋەزىپىسى بار يەن. تېخنىكا خادىمى 1673 (ئوقۇتقۇچىلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە). باشلانغۇچ مەكتەپ 147 (مىللىي ئوقۇغۇچىلار بىلەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان باشلانغۇچ مەكتەپ 45)، ئوقۇغۇچىسى 49 مىڭ 991 (مىللىي 44 مىڭ 37)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 30 (مىللىي ئوقۇغۇچىلار بىلەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان ئوتتۇرا مەكتەپ 19)، ئوقۇغۇچىسى 20 مىڭ 662 (مىللىي 17 مىڭ 913)؛ كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر (ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنمىدى)؛ ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى بىر، كۇرسانتى 110 (مىللىي 75)؛ بالىلار باغچىسى 8، باغچىدىكى بالا 1011 (مىللىي 503). ناھىيىدىكى ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 3369، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 2886 (مىللىي 2246). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 8 مىليون 810 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 14 مىڭ 683 كۋادرات مېتىرلىق مەكتەپ ئۆي - ئىمارىتى كۆپەيدى. رادىئو، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 100%كە يەتتى. ناھىيىلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسىگە دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسى مەملىكەت بويىچە سافلاملىق جەھەتتە مۇنەۋۋەر خەۋەر قىلىش مۇكاپاتى بەردى.

ناھىيە، يېزا، كەنتتىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى 159 (بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا ۋە شىپاخانا 26)، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 1222 (ناھىيە، يېزا سەھىيە ئاپپاراتلىرىدىكى 846). دۆلەت جۇڭگو تېبابىتى - دورىگەرلىكىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى غۇلجا ناھىيىسىنى «مەملىكەت بويىچە يېزا جۇڭگو تېبابىتى خىزمىتىدىكى ئىلغار ناھىيە قۇرغۇچى ئورۇن» دەپ تەستىقلىدى. ناھىيىلىك جۇڭگو تېبابىتى دوختۇرخانىسى دۆلەت جۇڭگو تېبابىتى ئىدارىسى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە ئىلغار جۇڭگو تېبابىتى دوختۇرخانىسى بولۇپ باھالاندى.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى ناھىيىدىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2052 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى (ناھىيىگە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ) 20 مىڭ 266 بولۇپ، ئۇلارغا 90 مىليون 821 مىڭ يۈەن پۇل مائاش تارقىتىلدى. جىسمانىي سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 4 مىليون 20 مىڭ يۈەن، مال - مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 2 مىليون 868 مىڭ يۈەن بولدى. ناھىيە بويىچە خەلق ئىشلىرى خىزمىتى ئوبيېكتىدىن 24 مىڭ 260 كىشى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئىجتىمائىي ياردەم ئوبيېكتى 12 مىڭ 920، بازار ئاھالىلىرىگە 314 مىڭ يۈەن ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى خىراجىتى تارقىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش پۇلى 128 مىڭ يۈەن. يىل ىېشىدا ناھىيىدىكى نامراتلار 1062 ئائىلىدىكى 6053 كىشى ئىدى، ئۇلاردىن 842 ئائىلىدىكى 4852 كىشى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، چارۋىچىلار ئارىسىدىكى نامراتلارنى يۆلەش يۈزىسىدىن 189 ئائىلىدىكى 1072 كىشى باشقا جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ناھىيە بازىرىدا 180 گېكتار يەر كۆكەرتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاممىۋى كۆكۈلمەيدان 46.15 گېكتار، ئىدارىلەر ھويلىلىرىدىكى كۆكەرتىلگەن كۆلەم 133.85 گېكتار. 1999 - يىلى ج خ مىنىستىرلىكى غۇلجا ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىگە «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ج خ ئىدارىسى» دەپ نام بەردى، ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ زاپاس ئاشلىق ئامبىرى دۆلەت زاپاس ئىدارىسى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە ئامبار زاپىسى خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى، ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى تەرىپىدىن خەلق ئەسكەرلىرى زاپاس خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

فەن فۇشۇەن

# قورغاس ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

قورغاس ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ غەربىگە، ئىلى دەريا ۋادىسىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 655 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 3، يېزا 7 (2 مىللىي يېزىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، دېھقانچىلىق مەيدانى، چارۋىچىلىق فېرمىسى 5 (10 - ئايدا كۆكدالا چارۋىچىلىق فېرمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى). يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 250 مىڭ 951 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 167 مىڭ 46)، يېزا نوپۇسى 201 مىڭ 723؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 9.67‰، ئۆلۈش نىسبىتى 2.54‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 7.13‰. ناھىيە بويىچە 34 مىڭ 700 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 20 مىڭ 900 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائەتتى، 21 مىڭ گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى، ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 7100 گېكتار. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلۇق تىپىدىكى يېرىم قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

قورغاس ناھىيىسى تەۋەسىدە 4 پەنجىلىك تاشپاقا، شىنجاڭ سالاماندراسى، كۆك - سېرىق بېلىق قاتارلىق ئەتىۋارلىق ھايۋانلار بار. ناھىيە تەۋەسىدە كۆكسۇلتان، ئۇستقۇددۇس قاتارلىقلار كەڭ كۆلەمدە ئۆسىدۇ. سوغىگۈل

ۋە «يەكانە تۆھپىكار» مېۋە ئىچىملىكلىرى داڭلىق ئەلا مەھسۇلاتلار ھېساپلىنىدۇ. 1999 - يىلى كۈزدىلا «يېڭىنىڭ» ئۈزۈم قورۇقىنىڭ قىزىل ئۈزۈمى كۆنسىڭ دۇنيا باغۋەنچىلىك كۆرگەزمىسىدە ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى. مەشھۇر سەيلىگاھلاردىن سايرام كۆلى، كەڭساي مەنزىرىلىك رايونى، كۆرەدىكى قوڭغۇراق راۋىقى، ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسى، سەنگۇڭ سۇ ئامبىرى، تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرى، داشگۇر ئىبادەتخانىسى، ئالمالىق شەھىرى خارابىسى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قورغاس ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋاڭ زورەن.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئەخەت ماخمۇت.

ھاكىم: راشىدىن زىكرىيا.

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: مېڭ شيەندۇڭ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 594 مىليون 160 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 409 مىليون 730 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %46 .10 ئاشتى. 135 مىڭ 391 توننا ئاشلىق، 13 مىڭ 297 توننا ياغلىق دان، 1765 توننا پاختا، 348 مىڭ 439 توننا قىزىلچا، 93 مىڭ 174 توننا كۆكتات، 18 مىڭ 168 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى، 978 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. 14 مىڭ 551 توننا گۆش، 23 مىڭ 22 توننا سۈت، 1750 توننا قوي يۇڭى، 37 مىڭ 900 پارچە كالا تېرىسى، 276 مىڭ 600 پارچە قوي تېرىسى، 2 مىليون ئۆي قۇشى، 5107 توننا تۇخۇم، 1054 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 27 مىليون 360 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 3 دەريجىلىك 35.53 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى، 533.3 گېكتار يەر تۈزلەندى، يېزا - كەنتلەردە 151.4 كىلومېتىر شېغىل يول رېمونت قىلىندى، 144 ئورۇندا ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 101687 | 10.05 |
| يۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 59233 | 3.5 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 15147 | 13.4 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 27307 | 15.1 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 135391 | —8.28 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 72.05 | 7.36 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 64957 | 31.66 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 99208 | 4.13 |
| تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 32917 | —35.6 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 23592 | 3.81 |
| بازار، يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 58504 | 2.02 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 5337 | 6.34 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 9549 | 20.05 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 441 مىليون 290 مىڭ يۈەن.

يۈرۈشلەشتۈرۈش ئىنشائاتى ياسالدى. 5 مىليون 700 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ جۇغلىنىپ، چىڭىخوزا دەرياسىنى تىزگىنلەش قۇرۇلۇشىنىڭ داۋامى ۋە دادۇڭكۇ ئۆستىڭىنىڭ بېشى قاتارلىق سۇ بۇزۇۋەتكەن مۇھىم قۇرۇلۇشلار تاماملاندى. 258.8 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى. يېزا - بازار كارخانىسى 1300 بولۇپ، كىرىمى 842 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 287 مىليون 790 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 220 مىليون 80 مىڭ يۈەن) گە يەتتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 90 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 17.1% ئاشتى. 8 مىليون 385 مىڭ 900 كىلوۋات سائەت توك، 347 مىڭ 800 توننا كۆمۈر، 77 مىڭ 500 توننا سېمونت، 271 مىليون 190 مىڭ دانە خىش، 69 مىڭ 800 توننا ئۇن، 11 مىڭ 600 توننا سۇ يېغى، 10 مىڭ 100 توننا پىۋا، 28 مىڭ 300 توننا يەم - خەشەك، 933 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى ئىشلەپچىقىرىلدى. ئۇراقلىق مۈلۈككە 82 مىليون 690 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى (يېزا ئېلېكتىر تورىنى ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان 10 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغمۇ شۇنىڭ ئىچىدە). 2 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان كونا يېزىسىنىڭ 7.65 كىلومېتىر يولى ۋە 5 مىليون 540 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ناھىيە بازىرىدىن سار بۇلاق يېزىسىغا بارىدىغان 22 كىلومېتىرلىق يول پۈتۈپ، پايدىلىنىشقا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 2 مىليون 548 مىڭ 400 يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ناھىيە بازىرى يوللىرىنى ئۆزگەرتىش - كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى تاماملاندى. 5 مىليون 700 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ناھىيە بازىرىنى سۇ بىلەن تەمىنلەش ئەسلىھەلىرىنى ئۆزگەرتىش - كېڭەيتىش 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى تاماملاندى، 7857 كىلومېتىر سۇ تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلدى. 30 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېقىن 400 يۈرۈش ئەرزان، ئەپلىك تۇرالغۇ قۇرۇلۇشى تاماملاندى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ناھىيىگە «ئەرزان، ئەپلىك تۇرالغۇ قۇرۇلۇشى خىزمىتىدىكى ئىلغار ناھىيە» دەپ نام بەردى. سودىدا پۈتۈشۈش سوممىسى 329 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 18 مىليون 12 مىڭ دوللار تاشقى پېرېۋوت يارىتىلدى. توشۇلغان يولۇچى 1 مىليون 690 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 36 مىليون 270 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا؛ توشۇلغان يۈك 3 مىليون 730 مىڭ تونىنغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 28 مىليون 750 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 26 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە يەتتى. تېلېفون كوممۇتاتورىنىڭ سىغىمچانلىقى 42 مىڭ 120 توچكىغا، يىل ئاخىرىدىكى تېلېفون ئابونېنتى 25 مىڭ 431 گە يەتتى، تېلېفون ھەر 100 ئادەمگە 10 دىن توغرا كەلدى، 65 مەمۇرىي كەنتكە تېلېفون ئورنىتىلدى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 44 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ساياھەتچىلىكتىن 2 مىليون 352 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 917 (مىللىي 392). ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئىلمىي تەتقىقات تۈرىدىن 3ى تاماملاندى. باشلانغۇچ مەكتەپ 106 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 30، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ياتاقلىق مەكتەپ 10)، ئوقۇغۇچىسى 31 مىڭ 198 (مىللىي 22 مىڭ 251)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 24 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 6، مىللىي ئوقۇغۇچىلار بىلەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان ئوتتۇرا مەكتەپ بىر)، ئوقۇغۇچىسى 16 مىڭ 354 (مىللىي 10 مىڭ 357)؛ چوڭلار تېخنىكا تەربىيىلەش مەكتىپى 16، ئوقۇغۇچىسى 36 مىڭ 246؛ باللار باغچىسىدىكى بالا 4611 (مىللىي 1840). باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 1808 (مىللىي 966)، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 920 (مىللىي 429). 2 مىليون 250 مىڭ يۈەن مەبلەغ توپلىنىپ، 3704 كۋادرات مېتىرلىق مەكتەپ ئۆي - ئىمارىتى سېلىندى، 2733 كۋادرات مېتىرلىق مەكتەپ ئۆي - ئىمارىتى رېمونت قىلىندى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 86%، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 90% بولدى. تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى 124 (بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا 18)، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 495، كارىۋات 495. ناھىيە تەنھەرىكەتچىسى ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە بوكس تۈرىنىڭ 60 كىلوگراملىقلار دەرىجىسى بويىچە 2 - لىككە ئېرىشتى.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1960 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى (بىڭتۇەننىڭ ناھىيە تەۋەسىدە تۇرۇشلۇق تۇەن - مەيدانلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر بۇنىڭ سىرتىدا) 17 مىڭ 684، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 5629 يۈەن. سۇغۇرتا كەسپىنىڭ سۇغۇرتىلاش سوممىسى 298 مىليون 500 مىڭ يۈەن، تۆلەنگەن تۆلەم 3 مىليون 270 مىڭ يۈەن؛ جىسمانىي سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 11 مىليون 440 مىڭ يۈەن، تۆلەنگەن تۆلەم 930 مىڭ يۈەن. 7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى «قورغاس ناھىيىسى سۈيدۈڭ بازىرىنىڭ

ئامالىلەرنىڭ ئەلگە تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى تۈزۈمىنى يولغا قويۇش تەپسىلىي پرىنسىپى» رەسمىي ئوتتۇرىغا قويۇلدى، 146 ئائىلىدىكى 421 كىشى كاپالەتلەندۈرۈلدى، ئېيىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 27 مىڭ 800 يۈەن كاپالەت پۇلى تارقىتىلدى. ناھىيە بازىرىنىڭ كۆكەرتىلىش نىسبىتى 1998 - يىلدىكى 8.9% تىن 21% كە يەتتى.

☆ 1999 - يىلى قورغاس ناھىيىسىدە 570.87 گېكتار يەرگە «قىزىل يەر شارى» ئۈزۈمى، 204.67 گېكتار يەرگە كۆكسۇلتان كۆچىتى تىكىلدى. 10 مىڭ مو يەردىكى كۆكسۇلتان ئۇنىۋېرسال تەرەققىيات تۈرى ۋە 10 مىڭ مو يەردىكى ئەلا سورتلۇق ئۈزۈم كەسپلەشكەن ئۇنىۋېرسال تەرەققىيات تۈرى ئاپتونوم رايوننىڭ «ئۇچقۇن» پىلانىغا تۈر قىلىپ كىرگۈزۈلدى.

☆ 1999 - يىلى قورغاس ناھىيىلىك ئارخىپخانىنىڭ دەرىجىسى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئارخىپخانا دەرىجىسىگە ئۆستۈرۈلدى، شۇ يىلى ئۇنىڭغا «مەملىكەتلىك ئارخىپ سىستېمىسىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ» دېگەن نام بېرىلدى.

يەن شۈمېي

# نىلقا ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

نىلقا ناھىيىسى ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا، ئوتتۇرا تەڭرىتاغنىڭ غەربىدىكى قاش دەريا ۋادىسىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 559 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 10، چارۋىچىلىق فېرمىسى 4، ئورۇقچىلىق مەيدانى بىر، نەسىللىك ھەسەلچىلىك فېرمىسى بىر. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۇەننىڭ ناھىيە تەۋەسىدىكى تۈەن - مەيدانلىرىنىڭ نوپۇسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 145 مىڭ 812 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 105 مىڭ 58)، يېزا نوپۇسى 112 مىڭ 52؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 13.65‰، ئۆلۈش نىسبىتى 3.5‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 10.15‰. دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى تېرىلغۇ كۆلىمى 21 مىڭ 100 گېكتار، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلغۇ كۆلىمى 11 مىڭ 300 گېكتار، ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلغۇ كۆلىمى 9900 گېكتار. كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلۇق تىپىدىكى كىلىماتىغا كىرىدۇ.

يۇمران بۇغا مۈڭگۈزى، سوغىگۈل، قار لەيلىسى، ئۆلار نىلقىنىڭ 4 چوڭ قىممەتلىك ئالاھىدە يەرلىك مەھسۇلاتى ھېسابلىنىدۇ. چارۋىچىلىقتىكى ئالاھىدە يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن سۈت، موھلۇق تېرە، ھەسەل، قېزا قاتارلىقلار بار. ئاساسلىق قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، تۆمۈر، مىس، ئالتۇن، قوغۇشۇن، سىنىك، ۋولفرام قاتارلىق 30 نەچچە خىلى بار، بۇنىڭ ئىچىدە يېقىنقى مەزگىلدىكى كۆمۈر زاپىسىنىڭ 1 مىليارد 100 مىليون توننا ئىكەنلىكى، يىراق كەلگۈسىدىكى زاپىسىنىڭ 4 مىليارد توننا ئىكەنلىكى تەكشۈرۈلۈپ ئېنىقلاندى. ناھىيە بويىچە 10 نەچچە سەيلىگاھ بار، بۇلاردىن داڭلىقراقلىرىدىن قاش دەرياسى مەنبەسىدىكى مەنزىرىلەر، مىس ئوتلىقىدىكى مەنزىرىلەر، ئاقتاش قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ نىلقا ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: دىڭ جۇنشېڭ.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: نۇرالى مۇساقان (قازاق).

ھاكىم: قانىباي ماقتا (قازاق، 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولدى)، ئابدۇمەجىت جۇنۇسباقىن (قازاق، 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى مۇۋەققەت ھاكىم بولدى).

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: كەرىمبېك (قازاق).

## يېزا ئىگىلىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 260 مىليون 700 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 185 مىليون 410 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 10.7% ئاشتى. 53 مىڭ 600 توننا ئاشلىق، 14 مىڭ توننا ياغلىق دان ئېلىندى. يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا 4 مىليون 250 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، تەرەققىي قىلدۇرۇش تۈرىدىن 6 سى تاماملاندى، 2400 گېكتار ئوتتۇرا، تۆۋەن مەھسۇلاتلىق ئېتىز ئۆزگەرتىلدى. يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش تۈرىدىن 20 سى تاماملاندى، 6700 گېكتار يەردە بۇغداي مول ھوسۇللۇق قىلىپ ئۆستۈرۈلدى، 249 گېكتار يەرگە كۆكتات تېرىلدى، 8.3 گېكتار يەردە سۇلياۋ يېپىلغان چوڭ لاپاس ياسالدى، 150 چوڭ پارنىك ياسالدى، 133.3 گېكتار يەردە تونىلىق ئاشلىق ئېتىزى، 1000 جىڭلىق ئېتىز، مول ھوسۇل ئېتىزى بەرپا قىلىندى. 606.4 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، پارچە - پۇرات يەرلەرگە 136 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى، 434 مىڭ تۈپ مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىلدى. 11 مىڭ 59 توننا گۆش، 26 مىڭ 937 توننا سۈت، 1346 توننا يۇڭ، 236 مىڭ پارچە تېرە

## خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 35188 | 6.6 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 18559 | 5.5 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 5985 | 8.3 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 10644 | 8.7 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (تۈمەن توننا) | | 5.36 | —25.76 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 73.01 | 11.02 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 22301 | 28.71 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 50090 | 2.8 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 8350 | 0.05 |
| بازار، يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 22070 | —0.64 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 1168 | 13.29 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 6912 | 37.83 |

**ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 225 مىليون 650 مىڭ يۈەن، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 187 مىليون 700 مىڭ يۈەن.**

ئېلىندى. 548 ئائىلە چارۋىچى ئولتۇراقلاشتى، 1021 ئېغىل - قوتان، 925 سۇلياۋ يېپىلغان ئىسسىق ئېغىل - قوتان ياسالدى. 4300 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى، 700 گېكتار ئوتلاق، 3100 گېكتار يەم - خەشەك بازىسى بەرپا قىلىندى. 7 - ئايدا ئىلقا ناھىيىسىدىكى ئوتلاقلاردا كەلكۈن، چېكەتكە ئاپىتى كۆرۈلدى، ئاپەت كۆرۈلگەن ئوتلاق كۆلىمى 26 مىڭ 700 گېكتارغا يەتتى، ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇشقا 676 مىڭ 200 يۈەن مەبلەغ سېلىندى، تىزگىنلەش نىسبىتى %99كە يەتتى. سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 13 مىليون 450 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 76 ھەرخىل ئىنشائات رېمونت قىلىندى، 117.18 كىلومېتىر (ئېقىم مىقدارى ئۆزۈنلۈقى) سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ، 158 ھەرخىل سۇ ئىنشائاتى ياسالدى. 494 مىڭ 300 يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 30 سۇنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشى پۈتكۈزۈلۈپ، 2300 ئادەم، 6500 تۇياق چارۋىنىڭ ئىچىملىك سۇ مەسىلىسى ھەل قىلىندى. يېزىلاردىكى «بەشتە ياخشى قۇرۇلۇش» (سۇچىلىق قۇرۇلۇشى، يول قۇرۇلۇشى، يېزا - كەنتلەرنى پىلانلاش، مۇھىتنى كۆكەرتىش، توك ۋە تېلېفون ئورنىتىش) قا 7 مىليون 64 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى (تېلېفون ئورنىتىشقا سېلىنغان مەبلەغ بۇنىڭ سىرتىدا). يېزا - بازار كارخانىسىدىن 3934ى، كەسپكاردىن 6617 سى بار، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ كىرىمى 245 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە، ئالغان پايدىسى 18 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە، تاپشۇرغان بېجى 9 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 97 مىليون 870 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 70 مىليون 480 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %94.8 ئاشتى. 17 مىليون 990 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ماددىي ئەشياسى كىرگۈزۈلدى. 3 مىليون 20 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 180 مىڭ توننا كۆمۈر، 14 مىڭ 600 توننا سېمونت، 14 مىليون 60 مىڭ دانە خىش، 1711 كۇب مېتىر ساپال دانچە، 3945 كۇب مېتىر ساپال دانچە پارچىسى، 7524 توننا ئۇن، 722 توننا سۈت پاراشوكى، 1800 پار خۇرۇم ئاياغ كىيىم ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە

تۇراقلىق مۇلۇككە 1 مىلىيون 320 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. توشۇلغان يولۇچى 9 مىلىيون 120 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 44 مىلىيون 320 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا؛ يۈك ئوبوروت مىقدارى 18 مىلىيون 403 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا يەتتى، ترانسپورتتىن 700 مىڭ يۈەن ساپ كىرىم قىلىندى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 7 مىلىيون 319 مىڭ 300 يۈەنگە، كىرىمى 7 مىلىيون 880 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە پروگراممىلىق تېلېفون كوممۇتاتورىنىڭ سىغىمچانلىقى 17 مىڭ توچكىغا، تېلېفون ئابونىتى 8000غا، بازار - يېزىلاردا پروگراممىلىق تېلېفونىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى %25كە يەتتى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 10 مىلىيون 200 مىڭ يۈەن بولدى، بازار سودىسىدا پۇتتۇشۇلگەن سومما 20 مىلىيون 929 مىڭ 800 يۈەنگە يەتتى. ساياھەتچىلىكتىن 1 مىلىيون 100 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى.

### پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى (ئوقۇتقۇچى، مەسئۇل سىياسىي خادىملارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 833 (مىللىي 530). ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئىلمىي تەتقىقات كېڭەيتىش تۈرىدىن 32سى تاماملاندى، 2 تۈر ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. باشلانغۇچ مەكتەپ 85 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 59)، ئوقۇغۇچىسى 23 مىڭ 758 (مىللىي 17 مىڭ 973)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 1457 (مىللىي 1057)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 7 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 5)، ئوقۇغۇچىسى 9582 (مىللىي 6393)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 752 (مىللىي 489). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 13 مىلىيون 417 مىڭ 500 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %80.5، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %88.5 بولدى. سىملىق تېلېۋىزىيە تېرمىنال ئابونىتى 2000غا يەتتى. 3 مىلىيون 730 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان «ئىتتىپاق» مەدەنىيەت مەيدانى پۈتتى، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 18 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىغان بۇ مەيداندا مۇزىكىلىق فونتان، كۇتۇپخانا، مەدەنىيەت يۇرتى، سودا تور - نۇقتىلىرى قاتارلىقلار بار. ناھىيە بويىچە تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى 22، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 395 (مىللىي 277)، كارىۋات 289. ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتى 5 ئوتتۇرا مەكتەپ، 7 باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ تەنتەربىيىدە چېنىقىش ئۆلچىمىگە يېتىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى، 5 ئوتتۇرا مەكتەپتىن 2214 ئوقۇغۇچى «دۆلەتلىك تەنتەربىيىدە چېنىقىش ئۆلچىمى»گە يەتتى، ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى %86.55كە يەتتى؛ 7 باشلانغۇچ مەكتەپتە (3 - يىللىقتىن يۇقىرى) 2269 ئوقۇغۇچى «دۆلەتلىك تەنتەربىيىدە چېنىقىش ئۆلچىمى»گە يەتتى.

### خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى ناھىيە بازىرى ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرمۇش خىراجىتى كىرىمى 2228 يۈەندىن توغرا كەلدى، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1735.6 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 8388 يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا كەسپىنىڭ سۇغۇرتىلاش سوممىسى 300 مىلىيون 480 مىڭ يۈەنگە، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 4 مىلىيون 586 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 1 مىلىيون 340 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى. ناھىيە بويىچە 172 ئورۇن تېببىي داۋالاش سۇغۇرتىسىنى بېجىردى، 9223 ئادەم (ھەربىي ئائىلىلىق قىرىمسىنىڭ ئادەم سانىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) تېببىي داۋالاش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى، سۇغۇرتا سوممىسى 4 مىلىيون 790 مىڭ يۈەنگە يەتتى. نامرات نوپۇسنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 1200 يۈەنگە يەتتى، 270 ئائىلىدىكى 1350 ئادەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. يىل ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە 5618 ئائىلىدىكى 32 مىڭ 985 ئادەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش نىسبىتى %97.7كە يەتتى. مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىنى چەكلەك مۇددەتتە تۈزەش تۈرىدىن 5ى تاماملاندى، بىرى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا لاياقەتلىك بولدى. ناھىيە بازىرىغا 5000 تۈپ مەنزىرە كۆچىتى تىكىلدى، كوچىلارنىڭ ئىككى يېقىغا 740 تۈپ كۆچەت تىكىلدى، 80 مىڭ تۈپ گۈل ئۆستۈرۈلدى، 16 مىڭ كۋادرات مېتىر چىم ياتقۇزۇلدى.

☆ 1999 - يىلى ئىلقا ناھىيىسى «مەملىكەت بويىچە تۈزلەڭلىكنى كۆكەرتىشتىكى ئىلغار ناھىيە» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

خۇاڭ چىجۇن

## موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى

### ئاساسىي ئەھۋالى

موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمى بولغان تېكەس دەرياسى ھاۋزىسىغا جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 879 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا

9، دۆلەت چارۋىچىلىق فېرمىسى 6. يىل ئاخىرىدىكى ناھىيە تەۋەسىدىكى نوپۇس 109 مىڭ 299 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 87 مىڭ 776)، يېزا نوپۇسى 81 مىڭ 50؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰45. 13، ئۆلۈش نىسبىتى ‰19. 3، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰26. 10. ناھىيە بويىچە 35 مىڭ 770 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 15 مىڭ 191 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 19 مىڭ 28 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى قۇرغاقلىق تىپىدىكى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ تاغلىق رايون قۇرغاق، نەم، سوغۇق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىنىڭ هۆل - يېغىن مىقدارى تولۇق، سۇ، توپا، يورۇقلۇق ۋە ئىسسىقلىق بايلىق مەنبەسى مول. يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارى 3 مىليارد 976 مىليون كۇب مېتىر، يەر ئاستى سۇ بايلىقى مول. پايدىلانغىلى بولىدىغان 542 مىڭ گېكتار ئوتلاق بار، بۇ ناھىيە شىنجاڭ بويىچە بىردىنبىر چۆل ئوتلىقى يوق ناھىيە ھېسابلىنىدۇ. قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، مانگان، تۆمۈر، قوغۇشۇن، چىنىتال، گەج، ياقۇت قاتارلىقلار بار. ناھىيىدە سەيلىگاھلاردىن شوتا ئارىشىڭى، شوتا قەدىمكى شەھىرى، ئاسىيۇ (ئۇسۇن) قەدىمكى قەبرىلىرى، شېنيۈلاما ئىبادەتخانىسى، كىچىك خونخايدىكى ئادەم سۈرەتلىك تاش ھەيكەل، ئاغىيازدىكى قىياتاش رەسىملىرى قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ موڭغۇلكۈرە ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ليۇ شۇساڭ.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئالىمجان ئۇۋەن (قازاق).

ھاكىم: باقتيبول ئىنايات (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: جاپپار تۆلەندى (قازاق).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 250 مىليون 964 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 192 مىليون 262 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %33. 10 ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 56 مىڭ 578 توننا ئاشلىق، 27 مىڭ 157 توننا ياغلىق دان ئېلىندى. 10 مىڭ 802 توننا گۆش، 18 مىڭ 385 توننا سۈت، 1144 توننا يۇڭ، 32 مىڭ 62 پارچە كالا تېرىسى، 282 مىڭ 376 پارچە قوي تېرىسى ئېلىندى. 470 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئېتىز - ئېرىق قۇرۇلۇشىغا 6 مىليون 481 مىڭ 600 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. سۇغىرىش كۆلىمى 6667 گېكتار كۆپەيدى، 5740 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى. يېزا - بازار كارخانىسى 2166 بولۇپ، كىرىمى 172 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 110 مىليون 670 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 67 مىليون 40 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %03. 14 ئاشتى؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 12 مىليون 579 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %78. 20 ئاشتى. 22 مىليون 630 مىڭ

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 29170 | 6 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | 56578 | —13. 87 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | 75. 9 | 7. 02 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 13533 | 32. 75 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (تۈمەن كىلوۋات) | 4. 07 | 3. 56 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | 13406. 3 | 1. 8 |
| بازار، يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | 22691 | 14. 96 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | 1285 | 9. 18 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | 5394 | 18. 37 |

كىلوۋات سائەت توك، 75 مىڭ توننا كۆمۈر، 15 مىڭ 6 توننا سېمونت، 49 مىليون 200 مىڭ دانە خىش، 50 مىڭ 928 توننا ئۇن، 5855 توننا سۇ يېغى، 1 مىليون كۇب مېتىر تۇرۇبا سۈيى ئىشلەپچىقىرىلدى. ناھىيەدە ئىشلەنگەن «كۆچلۈك» ماركىلىق قىمىز، «ئاسىيۇ» ماركىلىق ئات گۆشى ياساللىرى ئاپتونوم رايوننىڭ ئىچى - سىرتىدا بازار تاپتى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 14 مىليون 450 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. توشۇلغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 96 مىليون 830 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 19 مىليون 630 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 8 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يەتتى، يىل ئاخىرىدا ناھىيە بازىرىدىكى پروگراممىلىق تېلېفون 4050 تۇچكىغا، يېزىلاردىكى پروگراممىلىق تېلېفون 4545 تۇچكىغا، يانتېلېفون ئابونېنتى 310غا، سىمسىز چاقىرغۇ ئابونېنتى 1500گە يەتتى، ناھىيە تەۋەسىدىكى 52 مەمۇرىي كەنتكە تېلېفون ئورنىتىلدى.

### پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 268. ئوتتۇرا مەكتەپ 9 (بىر كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپمۇ شۇنىڭ ئىچىدە، مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 7)، ئوقۇغۇچىسى 9688 (مىللىي 7721)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 55 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 39)، ئوقۇغۇچىسى 20 مىڭ 351 (مىللىي 16 مىڭ 865)؛ باللار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 557 (مىللىي 200). ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 1580 (مىللىي 1244). رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %78، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %85 بولدى. تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى 25، سەھىيە كەسپىي تېخنىكا خادىمى 376، كارىۋات 370. ناھىيىگە 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن «پىلانلىق تۇغۇتتا ‹ئۈچنى ئاساس قىلىش›تا لاياقەتلىك ناھىيە» ۋە «پاكىز ناھىيە بازىرى» دېگەن نام بېرىلدى. ناھىيە تەنھەرىكەتچىلىرى مەملىكەتلىك 6 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ 10 مىڭ مېتىرلىق ئات بەيگىسىدە 1 - لىككە، 5000 مېتىرغا ئات يورغىلىتىپ مېڭىشتا 3 - لىككە ئېرىشتى.

### خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1828 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 4994 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە 19 كارخانا كارخانا مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى، 7088 ئادەم جىسمانىي سۇغۇرتىغا قاتناشتى. 243 ئائىلىدىكى 1006 ئادەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

لى شۈلىڭ

## تېكەس ناھىيىسى

### ئاساسىي ئەھۋالى

تېكەس ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ غەربىي قىسمىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تېكەس - موڭغۇلكۈرە ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي بۆلىكىگە جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 852 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 7، دېھقانچىلىق مەيدانى، چارۋىچىلىق فېرمىسى 6. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (ناھىيەدە تۇرۇشلۇق ئورۇنلارنىڭ نوپۇسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 148 مىڭ 720 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 111 مىڭ 972)، يېزا نوپۇسى 125 مىڭ 420؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰11.6، ئۆلۈش نىسبىتى ‰3.1، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰8.5. ناھىيە بويىچە 18 مىڭ 880 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 11 مىڭ 320 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 5410 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى قۇرۇقلۇق تىپىدىكى يېرىم قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

تېكەس دەرياسى ناھىيە تەۋەسىنى غەربتىن شەرققە توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ، ئۇنىڭ چوڭ - كىچىك 17 تارماق ئېقىنى بار، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىم مىقدارى 6 مىليارد كۇب مېتىر. ئورمانلىق كۆلىمى 89 مىڭ 120.8 گېكتار، ئوتلاق كۆلىمى 502 مىڭ 800 گېكتار. ياۋايى ھايۋانلاردىن بۇغا، يىلپىز، ئېيىق، ئارقار قاتارلىقلار بار. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن سوغىنگۈل، قانتېپەر، كىرەش، پەربۇن قاتارلىقلار بار. تەكشۈرۈلۈپ ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلاردىن ئالتۇن، مىس، نىكېل، ھاك تېشى قاتارلىق 20 نەچچە خىلى بار.

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ تېكەس ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋاڭ شىنلى.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابلاي قادىر قوجا (قازاق).

ھاكىم: ئۇرۇنتاي تۇرسۇنباي (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئەمەت مەھەممەت.

### يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 305

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 ـ يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 36745 | 7 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 21837 | 5.8 |
| | 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 4751 | 9.8 |
| | 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 10157 | 7.9 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 60324 | —14.3 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 69.44 | 6.44 |
| يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 20240 | 22.07 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 37400 | 15.43 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 9719 | —10.97 |
| بازار، يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 12505 | —11.12 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 891 | 14.82 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 6499 | 20.33 |

**ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 212 مىليون 420 مىڭ يۈەن.**

مىليون 260 مىڭ يۈەن (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 195 مىليون 656 مىڭ 900 يۈەن) گە يېتىپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن %49.3 ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 60 مىڭ 324 توننا ئاشلىق، 10 مىڭ 797 توننا ياغلىق دان، 1656 توننا قىزىلچا ئېلىندى. 483 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. 1999 ـ يىلى ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىدا 567 گېكتار يەر تۈزلەندى، تەخمىنەن 4800 كىلومېتىر باغ ئېرىقى چېپىلدى، 300 مىڭ كۆچەت ئورنىكى قېزىلدى. 11 مىڭ 406 توننا گۆش، 18 مىڭ 361 توننا سۈت، 1460 توننا قوي يۇڭى ئېلىندى. دېھقانچىلىق رايونلىرىدا 209 مىڭ 600 تۇياق چارۋا بېقىلدى، بۇ ناھىيە بويىچە چارۋىنىڭ %30نى ئىگىلىدى. ناھىيىدە 13مىڭ نەسىللىك كالا بار، شۇ يىلى 910 نەسىللىك كالا كىرگۈزۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە سىممېنتال كالا 180. يىل بېشىدا شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىلىپ، 3325 ئىنەك توڭلىتىلغان ئىسپېرما بىلەن ئۇرۇقلاندۇرۇلدى، 65 ئىنەككە تۆرەلمە كۆچۈرۈلدى، مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىش نىسبىتى %32 بولدى. 742 ئائىلە چارۋىچى ئولتۇراقلاشتى. سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 13 مىليون 281 مىڭ 400 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئاۋۋال ئۆستەڭگە 10 كىلومېتىر ئۇزارتىلدى، داۋاندىكى كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش قۇرۇلۇشى، دوستلۇق ئۆستىڭىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى تاماملاندى. 2600 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت ئىشلىتىلدى، يېزىلاردا 3 مىليون 230 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئىشلىتىلدى. يېزا ـ بازار كارخانىسى 2191 بولۇپ، كىرىمى 224 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 100 مىليون 530 مىڭ يۈەن (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 80 مىليون 350 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن %12.98 ئاشتى. 37 كارخانىنىڭ تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلىپ بولدى، ئۆزگەرتىش كۆلىمى %100كە يەتتى. ئىلى ۋىلايىتى بويىچە نۇقتىلىق سىناش ئېلىپ بېرىلغان 9 نازارەت قىلىش ـ تىزگىنلەش كارخانىسىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 12 مىليون 534 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئېلىنغان پايدا 1 مىليون 175 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %2.1 ئاشتى. 12 مىليون 190 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 21 مىڭ

800 توننا كۆمۈر، 1800 توننا سېمونت، 26 مىليون 500 مىڭ دانە خىش، 79 توننا سۈت پاراشوكى، 25 مىڭ 800 توننا ئۇن، 9100 توننا سۇ يېغى، 3797 توننا ئارىلاشما يەم - خەشەك، 7.5 كىلوگرام ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە ئۇراقلىق مۈلۈككە 35 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 10 ئۆزگە مەبلەغ سېلىندى، 5000 كۋادرات مېتىر ئۆي پۈتتى. كۆكسۇ يېزىسى، قىزىلبۇلاق چارۋىچىلىق فېرمىسى، كۆكتېرەك يېزىسىدا 24 كىلومېتىر يولغا ئاسفالت ياتقۇزۇلدى. تاشيولدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 213 مىليون 970 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 83 مىليون 660 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 4 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە يەتتى (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا). يىل ئاخىرىدىكى پروگراممىلىق تېلېفون 6896 توچكىغا يەتتى.

### پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 486 (ئالىي دەرىجىلىكى 18، ئوقۇتقۇچى، مەسئۇل سىياسىي خادىملارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە). باشلانغۇچ مەكتەپ 79 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 57)، ئوقۇغۇچىسى 23 مىڭ 475 (مىللىي 19 مىڭ 469)، ئوقۇتقۇچىسى 1175 (مىللىي 921)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 13 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 9)، ئوقۇغۇچىسى 8326 (مىللىي 5817)، ئوقۇتقۇچىسى 504 (مىللىي 319)؛ كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 132 (مىللىي 93)، ئوقۇتقۇچىسى 31 (مىللىي 25)؛ بالىلار باغچىسى 8 (يەككىلەرنىڭ ئاچقىنى 7)، باغچىدىكى بالا 788 (مىللىي 345)، ئوقۇتقۇچىسى (يەككىلەرنىڭ بۇنىڭ ئىچىدە) 11 (مىللىي 3). مائارىپ خىراجىتىگە 850 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %89كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %88كە يەتتى. تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى 19 (دوختۇرخانا 11)، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 328 (دوختۇر 141)، كارىۋات 205. ناھىيە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدە ۋىلايەت بويىچە ئۇدا 8 يىل 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ناھىيە بويىچە 6 قېتىم ھەرخىل تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى.

### خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 1853 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 15 مىڭ 252 بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 5152 يۈەنگە يەتتى. ھەرخىل سېتىۋېلىش تاۋار تىنىڭ سۇغۇرتىلاش سوممىسى 227 مىليون 360 مىڭ يۈەن، تۆلەم سوممىسى 617 مىڭ يۈەن بولدى. يىل ئاخىرىدا 266 ئائىلىدىكى 1604 ئادەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. ناھىيە بازىرىنىڭ ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا 7 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 3 - ئايلانما كوچىغا 4.8 كىلومېتىر ئاسفالت ياتقۇزۇلدى، «ئازادە» كوچىسىغا ئېگىز تۈۋرۈكلۈك چىراغ ۋە كوچا ياقىسىغا يول چىرىغى ئورنىتىلدى، كوچا بەلگىلىرى ئۆزگەرتىلدى ۋە كوچا ياقىسىغا 2 ئورۇنغا ئىستىراھەت سەيلىگاھى ياسالدى.

☆ 12 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئىلى توقاي ئېلېكتىر ئىستانسىسىدىن تېكەسكە 110 كىلوۋولتلىق توك يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى پۈتۈپ توك يەتكۈزۈلدى ھەم ئىلى ئوبلاستىنىڭ ئېلېكتىر تورى بىلەن تۇتاشتۇرۇلدى.

جۇ دىڭمىڭ

## توققۇزتارا ناھىيىسى

### ئاساسىي ئەھۋالى

توققۇزتارا ناھىيىسى ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا، تېكەس دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىم ھاۋزىسىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 816 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 7، دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانى، چارۋىچىلىق فېرمىسى 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 151 مىڭ 791 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 104 مىڭ 663)، يېزا نوپۇسى 114 مىڭ؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰14.25، ئۆلۈش نىسبىتى ‰3.77، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰10.48. ناھىيە بويىچە تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 24 مىڭ 833 گېكتار بولۇپ، 25 مىڭ 293 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائەتتى تېرىلدى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە). كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى يېرىم قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

توققۇزتارا ناھىيىسىدە مەملىكەت بويىچە بىردىنبىر ياۋا ياڭاقلىق بار، شەرقىي قىسمىدا ئاپتونوم رايوننىڭ قارلىق چوققا شەمشادى مۇھاپىزەت رايونى بار. ئىقتىسادىي ئۆسۈملۈكلەر ۋە دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن چىغىرتماق، ياۋا ئازغان، ياۋا قۇلماق ۋە قار لەيلىسى، سوغىگۈل قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، تۆمۈر، مىس، قوغۇشۇن، كېپەك ئالتۇن، تاشپاختا، بارىت، بېرىل قاتارلىقلار بار،

سېمونتقا خام ئەشيا قىلىنىدىغان قېزىلما بايلىق ھەممىدىن مول.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ توققۇزتارا ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: گاۋ جياڭخۇەي.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئوقاس قاناسقان (قازاق).

ھاكىم: سامالقان ئوسمان (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: زەينەپ ئۆمەرجان.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 331 مىليون 16 مىڭ 300 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 222 مىليون 960 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %36.8 ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 131 مىڭ 630 توننا ئاشلىق، 3985 توننا ياغلىق دان، 13 مىڭ 129 توننا قىزىلچا، 3689 توننا كۆكتات ئېلىندى. سورتلۇق ئىلى قىزىل ئالمىسى ئاساس قىلىنغان 394.47 گېكتار مېۋىلىك باغ بەرپا قىلىندى، 146.67 گېكتار تۆۋەن مەھسۇلاتلىق، سۈپىتى ناچار مېۋىلىك باغ ئۆزگەرتىلدى، 571.67 گېكتار يەرگە سورتلۇق شال تېرىلدى، ئۇنىڭ ئوتتۇرىچە مو بېشى مەھسۇلاتى 490 كىلوگرامغا يەتتى. بىر ئورۇندا سۈپەتلىك شال ئاقلاش زاۋۇتى قۇرۇلدى. 128 ئورۇندا ئىنىبىرگىسىيە تېجەيدىغان كۆكتات لاپىسى ياسالدى، كونا لاپاستىن 24ى ئۆزگەرتىلدى. 681 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. توققۇزتارا ناھىيىسى «دۆلەت دەرىجىلىك ئاساسىي قاتلام ئورمانچىلىق پونكىتلىرى بويىچە لاياقەتلىك ئۆلچەمگە يەتكەن ئىلغار ناھىيە» دېگەن نامغا ئېرىشتى ھەمدە ئىلى ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە تەرىپىدىن ۋىلايەت بويىچە مېۋىزارلىقنى نىشانلىق باشقۇرۇشتىكى ئىلغار ناھىيە بولۇپ باھالاندى. 10 مىڭ 53 توننا گۆش، 21 مىڭ 494 توننا سۈت، 1323 توننا قوي يۇڭى، 1668 توننا تۇخۇم، 218 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق قۇرۇلۇشىغا 34 مىليون 870 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 13 سۇ قۇرۇلۇشى تاماملاندى. 63.17 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى، 207.4 كىلومېتىر شېغىل يول ياسالدى ۋە رېمونت قىلىندى، 140 گېكتار يەر تۈزلەندى، 5800 مېتىر كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش توغىنى رېمونت قىلىندى، 224.51 كىلومېتىر سۇغىرىش ئېرىق - ئۆستەڭى چېپىلدى، 387.49 كىلومېتىر سۇغىرىش ئېرىق - ئۆستەڭ، 1.9 كىلومېتىر زەيكەش رېمونت قىلىندى، كۆۋرۈك، سۇڭگۈچ قاتارلىق سۇچىلىق مۇئەسسەسىلىرىدىن 600ى ياسالدى ۋە رېمونت قىلىندى، سۇغىرىش كۆلىمى 2440 گېكتار كۆپەيدى، 3120 گېكتار يەرنىڭ سۇغىرىلىش شارائىتى ياخشىلاندى، 2353 گېكتار شورتاڭ يەر ياخشىلاندى. 1333 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى، 3200 گېكتار ئوتلاق ياخشىلاندى، ئەينەك قويۇلغان 169 ئىسسىق ئېغىل - قوتان ياسالدى. چارۋىچىلىق قۇرۇلۇشىغا 23 مىليون 513 مىڭ 700 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 525 ئائىلىلىك چارۋىچى ئولتۇراقلاشتى، ئولتۇراقلىشىش نىسبىتى %83.3كە يەتتى. 3533 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى، 2667 گېكتار يەرگە ئوت - چۆپ تېرىلدى، 4533 گېكتار ئوتلاق سۇغىرىلدى، كوچىلارنىڭ 52 كىلومېتىر غول ئۆلچەملىك يولى ياسالدى، 86.41 كىلومېتىر ئورمان بەلۋېغى قاشالاندى. 11 - ئايدا توققۇزتارا ناھىيىسى ئىلى ۋىلايىتى بويىچە ئېتىز - ئېرىق قۇرۇلۇشىدىكى «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇسابىقىسىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. يېزا - بازار كارخانىسى 4753 بولۇپ، كىرىمى 201 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 97 مىليون 40 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 79 مىليون 60 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %11.4 ئاشتى؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 40 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %7.2 ئاشتى. 23 مىليون 660 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 80 مىڭ 400 توننا كۆمۈر، 48 مىڭ 200 توننا سېمونت، 20 مىڭ 100 توننا ئۇن، 3772 توننا سۇ يېغى، 2802 توننا ئارىلاشما يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 43 مىليون 320 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 33 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، «ئالغا» ئۆستەڭنى ئۆزگەرتىش - كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى ۋە شىمالىي دەريا ساھىلىدىكى قوملاشقان، شورلاشقان، چېكىنگەن ئوتلاقلارنى ئېكولوگىيىلىك ئۇنىۋېرسال تىزگىنلەش يولىدىكى 1 - قارارلىق قۇرۇلۇش ھەم 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشنىڭ ئالدىنقى قارارلىق ۋەزىپىلىرى ئورۇندالدى. تاشقى سودا ۋە ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرىدىن 33ى ئىمزالاندى، بۇنىڭ سوممىسى 89 مىليون 770 مىڭ يۈەن. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 103 مىليون 400 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 5 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا پروگراممىلىق تېلېفون 5732 توچكىغا يەتتى. بازار سودىسىدا پۈتۈشۈلگەن سومما 35 مىليون يۈەنگە يەتتى.

## خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 ـ يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 40525 | 8.49 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 20618 | 7.1 |
| | 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 8532 | 9.8 |
| | 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 11380 | 10.9 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 131630 | 4.33 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 55.72 | 5.99 |
| يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 20080 | 25.27 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 62322 | 7.88 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 12020 | 4.52 |
| بازار، يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 17232 | —10.4 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 1026 | 14.77 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 6488 | 38.63 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (بىكتۈەن ۋە دۆلەت چارۋىچىلىق فېرمىلىرىنىڭمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 252 مىليون 960 مىڭ يۈەن.

### پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن ـ تېخنىكا خادىمى 615. ئوتتۇرا مەكتەپ 10 (مىللىي ئوقۇغۇچىلار بىلەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان ئوتتۇرا مەكتەپ 7)، ئوقۇتقۇچىسى 814 (مىللىي 549)، ئوقۇغۇچىسى 8835 (مىللىي 5672)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 55 (مىللىي ئوقۇغۇچىلار بىلەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان باشلانغۇچ مەكتەپ 45)، ئوقۇتقۇچىسى 1327 (مىللىي 982)، ئوقۇغۇچىسى 22 مىڭ 172 (مىللىي 16 مىڭ 827)؛ كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇتقۇچىسى 24 (مىللىي 11)، ئوقۇغۇچىسى 108 (مىللىي 43)؛ بالىلار باغچىسى بىر، ئوقۇتقۇچىسى 30 (مىللىي 13)، باغچىدىكى بالا 266 (مىللىي 108). رادىئو، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95كە يەتتى. تېببىي داۋالاش ـ سەھىيە ئاپپاراتى 123 (بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە دەرىجىلىك دوختۇرخانا 3، يېزىلاردىكى شىپاخانا 13)، كەسپىي تېببىي داۋالاش تېخنىكا خادىمى 549، كارىۋات 412. 1099 ـ يىلى تەنتەربىيە مۇئەسسەسىدىن 3ى كۆپەيدى، 3 قېتىم ھەرخىل تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 380 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى.

### خەلق تۇرمۇشى

1999 ـ يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1860 يۈەنگە، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 5979 يۈەنگە يەتتى. مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 1 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە، جىسمانىي سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 3 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە 700 مىڭ يۈەن، جىسمانىي سۇغۇرتا بويىچە 600 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى. نامراتلارنى يۆلەشكە 417 مىڭ يۈەن مەبلەغ سەرپ قىلىندى، 977 كىشى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، 26 ئائىلە باشقا جايغا كوللېكتىپ كۆچۈرۈلدى.

☆ 1999 ـ يىلى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن تەقدىرلەنگەن ئىلغار شەخسلەر: ناھىيىلىك دۆلەت باج

ئىدارىسىدىن ۋاڭ جيېمىن «ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت باج سىستېمىسىدىكى مۇنەۋۋەر باج خىزمەتچىسى» دېگەن نامغا ئېرىشتى؛ خەلق قوراللىق بۆلۈمىدىن شىڭ شېڭلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى تەرىپىدىن «3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى» دەپ ئەنگە ئېلىندى؛ كان باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن لى شىپىڭ «ئاپتونوم رايون بويىچە ئالتۇن باشقۇرۇش خىزمەت ئىلغارى» دېگەن نامغا ئېرىشتى؛ ئىتتىپاق كومىتېتىدىن جەلىل (قازاق)، ھەر تەرەپلىمە تۈزەش ئىشخانىسىدىن ليۇ دېگلىنلار «ئاپتونوم رايون بويىچە مەركەزلىك تۈزەش خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

دېڭ گۇاڭيەن، خۇ گودۇڭ

# كۈنەس ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

كۈنەس ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، ئىلى دەريا ۋادىسىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان ئاشيول مۇساپىسى غەربىي لىنىيىنىڭ 900 كىلومېتىر، شەرقىي لىنىيىنىڭ 500 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 5، يېزا 5، دېھقانچىلىق مەيدانى، چارۋىچىلىق فېرمىسى 6. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 282 مىڭ 710 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 170 مىڭ 70)، يېزا نوپۇسى 194 مىڭ 221؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 14.81‰، ئۆلۈش نىسبىتى 2.97‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 11.87‰. ناھىيە بويىچە 53 مىڭ 933.4 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 23 مىڭ گېكتار يەرگە (ئېكىلىدىغان تېرىلغۇ كۆلىمى 733.3 گېكتار) ئاشلىق زىرائىتى تېرىلدى (بىكتۇئەن تۈەن - مەيدانلىرىنىڭ بۇنىڭ سىرتىدا)، 14 مىڭ 213.3 گېكتار يەرگە (ئېكىلىدىغان تېرىلغۇ كۆلىمى 2166.67 گېكتار) ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى (تۈەن - مەيدانلارنىڭ بۇنىڭ سىرتىدا). كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقچىلىقى تېپىدىكى يېرىم قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

كۈنەس ناھىيىسىدە ئۆزىگە خاس كەڭ كۆلەملىك تەتۈر مۆتىدىل بەلۋاغ ئالمىزارلىقى ۋە ھەرخىل مېۋە - چېۋىلەر بار، شۇنىڭدەك كەڭ كۆلەملىك ئىپتىدائىي ياۋا ئالما ئورمانلىقى ۋە ئىنتايىن مول ياۋا ئۆسۈملۈك دورىلىرى بايلىقى بار. قېزىلما بايلىق مەنبەسى بىر قەدەر مول، قېزىلما بايلىقلاردىن تەركىبىدىكى تۆمۈر مىقدارى 55% تىن يۇقىرى بولغان ھوسۇللۇق تۆمۈر رۇدىسى ۋە مەرمەر تاش، ھاك تاش، مىس، ئالتۇن قاتارلىقلار بار. ناھىيە تەۋەسىدە كەڭ كۆلەملىك ئىپتىدائىي ئورمانلىق ۋە مەشھۇر بىپايان كۈنەس يايلىقى ھەم مەنزىرىلىك نارات ساياھەت رايونى، ياۋا ئالمىلىق ساياھەت رايونى، جەنۇبىي تاغ ساياھەت رايونى، جەنۇبىي تاغ ھايۋانات، ئۆسۈملۈك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ كۈنەس ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ليۇ چۈەنشىن.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: قۇرمان دەۋكېن (قازاق).

ھاكىم: پولاتبېك ئەنۋەربېك (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: گۈلزىرە نۇرادىل (قازاق).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 709 مىليون 590 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 424 مىليون 70 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 5.73% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 121 مىڭ 100 توننا ئاشلىق، 14 مىڭ 500 توننا ياغلىق دان، 244 مىڭ توننا قىزىلچا، 12 مىڭ 700 توننا زىغىر ئېلىندى. 1000 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. 22 مىڭ توننا گۆش، 41 مىڭ 819 توننا سۈت، 2145 توننا يۇڭ، 385 مىڭ 936 پارچە تېرە ئېلىندى. سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 20 مىليون 58 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 110 كىلومېتىر ئېغىل يول ياسالدى، 133.33 گېكتار يەر تۈزلەندى، 12.4 كىلومېتىر ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىلدى، 130 كىلومېتىر ئېرىق - ئۆستەڭ رېمونت قىلىندى، 24.02 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى، سۇغىرىش رايونىدا 92 يورۇشلەشكەن ئىنشائات ياسالدى (بۇنىڭ ئىچىدە توسما 70، كۆۋرۈك ۋە سۇئۆتكۈچ 22)، سۇ ئىنشائاتىدىن 39ى رېمونت قىلىندى، 533.33 گېكتار سالا ئېتىز يورۇشلەشتۈرۈلدى، 533.33 گېكتار سالا ئېتىز تولۇقلاپ يورۇشلەشتۈرۈلدى. نۇقتىلىق سۇچىلىق قۇرۇلۇش تۈرى — «سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ئۆستىڭىنى ئۆزگەرتىش - كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىنىڭ 1 - قارارلىق سۇ سىڭمەس قۇرۇلۇشى تاماملاندى، جەمئىي 22 مىليون 796 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 54.4 كىلومېتىر ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىلدى ۋە لېيى ئادالاندى، 20 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس غول ئۆستەڭ ياسالدى. 1999 - يىلى ناھىيە بويىچە سۇنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشىغا 2 مىليون 671 مىڭ 870 يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ،

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 86921 | 8.27 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 48098 | -0.92 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 10968 | 9.22 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 27855 | 26.84 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 121060 | -8.57 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 102.57 | 5.71 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 51202 | 21.89 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 55598 | 0.04 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 28638 | 13.45 |
| بازار، يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 33828 | 0.20 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 10207 | 24.78 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 9456 | 26.28 |

**ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 567 مىليون 880 مىڭ يۈەن.**

12 مىڭ ئادەم ۋە 89 مىڭ 600 تۇياق چارۋىنىڭ ئىچىملىك سۇ مەسىلىسى ھەل قىلىندى. چارۋىچىلىق رايونىدا 57 كىلومېتىر كۆچ يولى، 126 كۆۋرۈك، سۇئىچكۈچ، توسما ياسالدى، 164 كىلومېتىر ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىلدى؛ 670 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى، 659.7 گېكتار ئوتلاق بەرپا قىلىندى، 266.7 گېكتار ئوتلاق سۇغىرىلدى، 2673.33 گېكتار ئوتلاق ياخشىلاندى. 1999 - يىلى 302 ئائىلىلىك چارۋىچى ئولتۇراقلاشتى، 320 كورپۇس چارۋىچىلار تۇرالغۇسى سېلىندى، 688 ئېغىل - قوتان ياسالدى (بۇنىڭ ئىچىدە ئىسسىق ئېغىل - قوتان 408)، چارۋىچىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش نىسبىتى %100كە يەتتى. ناھىيە ئىلى ۋىلايىتى بويىچە ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىدا 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدا روييخەتكە ئېلىنغان يېزا - بازار كارخانىسى 5380گە، كىرىمى 533 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يەتتى (ئۆزگەرمەس باھا).

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 328 مىليون 570 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 261 مىليون 350 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %6.2 ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىدىن (ناھىيە تەۋەسىدە تۇرۇشلۇق ئورۇنلارنىڭ بۇنىڭ سىرتىدا) 52 مىليون 90 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 30 مىڭ 100 توننا سېمونت، 132 مىليون 870 مىڭ دانە خىش، 3744 توننا ئاق ھاراق، 8419 توننا سۇ يېغى، 50 مىڭ 700 توننا ئۇن، 26 مىڭ 791 توننا ئاق شېكەر، 2561 توننا ئىسپىرت، 7204 توننا دانىچە تىرىپ، 52 مىڭ 200 قۇر نېپىز يۇڭ پوپايكا، 8984 كۇب مېتىر پىرىسلانغان تاختا، 998 توننا چىگە - پاختا، 1246 توننا چەتمەچىگە، 24 مىڭ توننا كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىلدى. 76 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان كونەس شېكەر زاۋۇتىنىڭ 3500 توننىلىق كېڭەيتىپ ياساش قۇرۇلۇشى 4 - ئايدا باشلىنىپ، 10 - ئايدا تاماملىنىپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى كۈنىگە 1500 توننا قىزىلچىنى بىر تەرەپ قىلىشتىن 3500 توننا قىزىلچىنى بىر تەرەپ قىلىشقا يەتتى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 134 مىليون 350 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 192 مىليون 150 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 71 مىليون 600 مىڭ

تونتا - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 20 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە، پروگراممىلىق تېلېفون 21 مىڭ 328 توچكا (بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە بازىرىدىكىسى 7852 توچكا) غا، يانتېلېفون ئابونېنتى 678 گە، سىمسىز چاقىرغۇ ئابونېنتى 4580 گە يەتتى. بازار سودىسىدا پۈتۈشۈلگەن سومما 97 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ساياھەتچىلىكتىن 640 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 819 (ئالىي دەرىجىلىكى 58). باشلانغۇچ مەكتەپ 118 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 77)، ئوقۇغۇچىسى 39 مىڭ 720 (مىللىي 23 مىڭ 459)، ئوقۇتقۇچىسى 1963 (مىللىي 1190)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 35 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 18)، ئوقۇغۇچىسى 16 مىڭ 680 (مىللىي 8249)، ئوقۇتقۇچىسى 1208 (مىللىي 643)؛ كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2 (مىللىي مەكتەپ بىر)، ئوقۇغۇچىسى 159 (مىللىي 39)، ئوقۇتقۇچىسى 17 (مىللىي 8)؛ مىللىي ئوتتۇرا تېخنىكوم بىر، ئوقۇغۇچىسى 80، ئوقۇتقۇچىسى 26 (مىللىي 20)؛ بالىلار باغچىسى 2 (مىللىي باغچە بىر)، باغچىدىكى بالا 1233 (مىللىي 434)، ئوقۇتقۇچىسى 27 (مىللىي 2)؛ شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلى ئوبلاستلىق شۆبە مەكتىپىنىڭ كۈنەس ئوقۇتۇش سىنىپى 6 (مىللىي سىنىپ 2)، ئوقۇغۇچىسى 228 (مىللىي 43)، ئوقۇتقۇچىسى 15 (مىللىي 10). رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95 كە يەتتى. تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى 25، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە دەرىجىلىك دوختۇرخانا 3، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى بىر، يېزىلاردىكى شىپاخانا 16، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى تېببىي داۋالاش نۇقتىسى 6؛ كەسپىي تېببىي داۋالاش تېخنىكا خادىمى 540؛ دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 435. ناھىيە بويىچە 17 قېتىم ھەرخىل تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 7680 ئادەم قاتناشتى. ناھىيە تەنھەرىكەتچىلىرى ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ چېلىشىش تۈرىدە 2 ئالتۇن مېدال، 2 كۈمۈش مېدال، بىر مىس مېدال ئالدى.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 1961.98 يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانلارنىڭ 2033.97 يۈەن، چارۋىچىلارنىڭ 1635.2 يۈەن) گە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 5589 يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 12 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە جىسمانىي سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 8 مىليون 170 مىڭ يۈەن، مال - مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 4 مىليون 110 مىڭ يۈەن؛ 3 مىليون 160 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە جىسمانىي سۇغۇرتا بويىچە تۆلەنگىنى 400 مىڭ يۈەن، مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگىنى 2 مىليون 760 مىڭ يۈەن. ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسى بەرپا قىلىندى، بىر تۇتاش غەملىنىدىغان ياشانغانلار كۈتۈنۈش سۇغۇرتا ھەققى، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش خىراجىتى، بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى خىراجىتى تولۇق ئەمەلىيلەشتى. ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش خىراجىتىگە كاپالەتلىك قىلىنىدىغان ناھىيە بويىچە 112 ئائىلىدىكى 531 ئادەمنىڭ 185 مىڭ يۈەن كاپالەت پۇلى تولۇق تارقىتىلىپ بولدى. 1998 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە نامراتلار 302 ئائىلىدىكى 1432 ئادەم ئىدى، 1999 - يىلى 256 ئائىلىدىكى 1215 ئادەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. ناھىيە بازىرىدا 5000 كۋادرات مېتىرلىق بېتون يول، 6800 كۋادرات مېتىرلىق ئاسفالت يول ياسالدى، ئاساسلىق كوچىلارغا قىزىل، يېشىل چىراغلار، قاتناش بەلگىسى تاختىلىرى ھەم 10 مىڭ كۋادرات مېتىر يول بەلگىسى سىزىقى، 33 يول چىرىغى ئورنىتىلدى، 15 مىڭ 700 تۈپ كۆچەت تىكىلدى، 30 مىڭ تۈپتىن ئوشۇق گۈل قويۇلدى، 35 مىڭ كۋادرات مېتىر چىملىق بەرپا قىلىندى.

☆ 1999 - يىلى كۈنەس ناھىيىسى مەملىكەت بويىچە 9 يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش، ياشلار ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار ئارىسىدىكى ساۋاتسىزلارنى ئاساسەن تۈگىتىشتە لاياقەتلىك ناھىيە، مەملىكەت بويىچە تۆھپىكارلارغا كۆيۈنۈش ھەرىكىتىدىكى ئىلغار ناھىيە بولۇپ باھالاندى؛ ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشتىكى ئىلغار ناھىيە، قىشلىق پەن - تېخنىكا پائالىيىتىدىكى ئىلغار ناھىيە، ئاپتونوم رايون بويىچە پاكىز ناھىيە بازىرى، ئاپتونوم رايون بويىچە باغ - ئورمان ئومۇملاشقان ناھىيە، ئاپتونوم رايون بويىچە كەنت ئىشلىرىنى ئاشكارا تۇتۇش، دېموكراتىك باشقۇرۇشتىكى ئىلغار ناھىيە، ئاپتونوم رايون بويىچە 4 - نۆۋەتلىك كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىدىكى ئىلغار ناھىيە بولۇپ باھالاندى؛ ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى مەملىكەت بويىچە سوت مەھكىمىلىرى ئىچىدىكى نەمۇنىچى كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى.

پاڭ شېيزۇڭ

# چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا، دىلمولۇق تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان ئاشيول مۇساپىسى 695 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 11، مەيدان 2. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 126 مىڭ 400 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 97 مىڭ 800)، يېزا نوپۇسى 100 مىڭ 300؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰41.9، ئۆلۈش نىسبىتى ‰61.2، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰8.6. ناھىيە بويىچە 28 مىڭ 300 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 15 مىڭ 800 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 10 مىڭ گېكتار يەرگە (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغىنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

چاپچال ناھىيىسى تەڭرىتاغ بۆكسىنى بېقىش بازىسى بولۇپ قالدى. «ئىلى ئۈنچىسى» ماركىلىق دانلىق گۈرۈچ، كەڭ كۆلەمدە ئۆستۈرۈلىدىغان قىزىل مۇچ ئاپتونوم رايوننىڭ ئىچى - سىرتىدا داڭلىق. ناھىيە تەۋەسىدە كۆمۈرنىڭ زاپىسى ناھايىتى كۆپ، ئەلا سۈپەتلىك كۆمۈر قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىگە ئېكسپورت قىلىنىدۇ. سەيلىگاھلاردىن چولڭ بۇغرا ئورمان باغچىسى، ئىلى دەرياسى ئورمان باغچىسى، ئۇراخۇنبۇلاق قار تېيىلىش مەيدانى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جياۋ باۋخۇا.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: گۇەن شۇشيائ (شىبە).

ھاكىم: ئەن ۋېن (شىبە).

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: توپباي ئاسىلبېك (قازاق).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 240 مىليون 377 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 185 مىليون 818 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %39.8 ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 105 مىڭ 588 توننا ئاشلىق، 5870 توننا ياغلىق دان، 63 مىڭ 83 توننا قىزىلچا، 496 توننا پاختا، 592 توننا كۆك تاماكا، 5728 توننا مېۋە - چېۋە، 57 مىڭ 587 توننا كۆكتات ئېلىندى. 726 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، پارچە - پۇرات يەرلەرگە 314 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى. 7519 توننا گۆش، 8005 توننا سۈت، 890 توننا يۇڭ، 6.1 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 625 توننا تۇخۇم، 8.5 توننا يۇمران بۇغا مۈڭگۈزى، 8000 بوتۇلكا بۇغا قېنى چېلانغان هاراق، 509 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق قۇرۇلۇشىغا 23 مىليون 53 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 71 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى، 188 كىلومېتىر سۇغىرىش ئېرىق - ئۆستىڭى، 48 كىلومېتىر زەيكەش چېپىلدى، 201.6 كىلومېتىر ئېتىز يولى، 382 سۇ ئىنشائاتى ياسالدى، 1046.67 گېكتار يەر تۈزلەندى، 1673.33 گېكتار يەر يۇرۇشلەشتۈرۈلدى، 12 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى. يېزىلارنىڭ «بەشتە ياخشى» قۇرۇلۇشى («22118» قۇرۇلۇشى) ئىلى ۋىلايىتى بويىچە «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇسابىقىسىدە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 500 گېكتار بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈلدى، سۇغىرىش كۆلىمى 1333.33 گېكتار كۆپەيدى. 350 ئائىلىلىك چارۋىچى ئولتۇراقلاشتى، 25 كىلومېتىر كۆچ يولى، 350 سۇلياۋ يېپىلغان ئىسسىق ئېغىل - قوتان ياسالدى. 1800 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى، 881.8 گېكتار ئوتلاق ياخشىلاندى، ياخشىلانغان ئوتلاقنىڭ قاشالانغىنى 139.67 گېكتار، تېرىپ بەرپا قىلىنغىنى 680.47 گېكتار. سىممېنتال، خولستېين (قارا - ئالا)، شارولاي نەسىللىك كالىلىرىدىن 611ى كىرگۈزۈلۈپ، نەسىللىك كالا بېقىش مىكرو رايونىدىن 4ى قۇرۇلدى، 5 تىن ئارتۇق كالا باققان ئۆلگە ئائىلە 120 گە يەتتى. يېزا - بازار كارخانىسى 3330 بولۇپ، كىرىمى 239 مىليون يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 132 مىليون 551 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 92 مىليون 680 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %12.3 ئاشتى؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 43 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %9.4 ئاشتى. 574 مىڭ توننا كۆمۈر، 400 توننا سېمونت، 102 مىليون 620 مىڭ دانە خىش، 2032 توننا سۇ يېغى، 25 مىڭ توننا ئارىلاشما يەم - خەشەك، 32 مىڭ توننا ئۇن، 13 مىڭ 276 توننا گۈرۈچ، 500 توننا فورفورول، 96 توننا ئولىگو ساخارىد ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە مۇقىملىق مۈلۈككە 72 مىليون 450 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 21 مىليون 740 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 17 مىليون 550 مىڭ يۈەن،

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 ـ يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 18367 | 7.3 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 ـ كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 10406 | 8.4 |
| | 2 ـ كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 3388 | 17.8 |
| | 3 ـ كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 4573 | —1 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 105588 | 15.06 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 39 | 3.17 |
| يېزا ـ بازاركارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 20270 | 34.3 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 54817 | —13.34 |
| تاشقى سودا ئىمپورت ـ ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن دوللار) | | 100 | 91.2 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 9299.2 | 4.36 |
| بازار، يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 18255 | 3.58 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 1096 | 20.18 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 6964 | 23.67 |

ئىزاھ: جەدۋەلدە كۆرسىتىلگەن ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى.

5 مىليون 360 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان تۇرۇبا سۈيىنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشى 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تاماملاندى، ناھىيە بازىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى 40 مىڭدىن ئارتۇق ئاھالە تازىلىق ئۆلچىمىگە مۇۋاپىق ئىچىملىك سۇ ئىچەلەيدىغان بولدى. 22 مىليون 850 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، ئۇزۇنلۇقى 106 كىلومېتىر كېلىدىغان ناھىيە ـ يېزا ئاسفالت يوللىرىدا 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى پۈتۈن لىنىيە بويىچە قاتناش باشلاندى. ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تۈرىدىن 3ى تاماملاندى. بۇلارغا 4 مىليون 827 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 12 مىليون 357 مىڭ ئادەم ـ كىلومېتىر، تاشيولدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 48 مىليون 460 مىڭ توننا ـ كىلومېتىر بولدى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 341 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 7 مىليون 701 مىڭ يۈەنگە يەتتى. پروگراممىلىق تېلېفون كوممۇتاتورىنىڭ سىغىمچانلىقى 16 مىڭ 856 توچكىغا، ئورنىتىلغان تېلېفون 11 مىڭ 455 توچكىغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي تېلېفون ئابونېنتى 10 مىڭ 383. بازار سودىسىدا پۈتۈشۈلگەن سودا 12 مىليون 298 مىڭ يۈەنگە يەتتى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 19 مىليون 600 مىڭ يۈەن بولدى. ساياھەتچىلەردىن 21 مىڭ 900 ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 590 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى.

## پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن ـ تېخنىكا خادىمى 624 (مىللىي 502). باللار باغچىسى 14 (مىللىي باغچا 9)، باغچىدىكى بالا 1225 (مىللىي 666)، باللار باغچىسى ئوقۇتقۇچىسى 60 (مىللىي 17)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 66 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 54)، ئوقۇغۇچىسى 22 مىڭ 163 (مىللىي 16 مىڭ 593)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 1417 (مىللىي 1207)؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 13 (تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەر شۇنىڭ ئىچىدە، مىللىي ئوتتۇرا

مەكتەپ 12)، ئوقۇغۇچىسى 10 مىڭ 687 (مىللىي 8179)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 902 (مىللىي 744). ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى 120 قېتىم ھەرخىل ئويۇنلارنى كۆرسەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزىلارغا بېرىپ كۆرسەتكەن ئويۇن 85 قېتىم. ناھىيىلىك كۇتۇپخانا ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن بېرىلگەن «3 - دەرىجىلىك كۇتۇپخانا» دېگەن نامغا ئېرىشتى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %80كە يەتتى. شىبەچە گېزىت 127 مىڭ نۇسخا نەشر قىلىندى. ناھىيە بويىچە ھەرخىل تېبابەت داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى 19، ھەرخىل تېبابەت خادىمى 566 (مىللىي 368)، كارىۋات 305. ناھىيىنىڭ پىلانلىق تۇغۇتتا «ئۈچنى ئاساس قىلىش» خىزمىتى 11 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى. ھەرخىل تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرى 67 قېتىم ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 3014 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى. ناھىيە تەنھەرىكەتچىلىرى ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ ئوقيا ئېتىش تۈرىدە 6 ئالتۇن مېدال، 5 كۈمۈش مېدال، 5 مىس مېدال ئالدى، ئەرلەر كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇردا 1 -، ئاياللار كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇردا 2 - بولدى.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى ناھىيە بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 1518 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 1527.82 يۈەن، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 1352.96 يۈەن. ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە 52 مىليون 318 مىڭ يۈەن مائاش تارقىتىلدى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 5500 يۈەنگە يەتتى. ھەرخىل مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ سۇغۇرتىلاش سوممىسى 67 مىليون 338 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 369 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى؛ جىسمانىي سۇغۇرتا كىرىمى 1 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 349 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى. ياشانغانلار كۈتۈنۈش سۇغۇرتا پۇلىدىن 2 مىليون 145 مىڭ يۈەن يىغىۋېلىندى، 540 ئادەم 1 مىليون 940 مىڭ يۈەن كۈتۈنۈش پۇلى ئالدى. ئىشسىزلىق پۇلىدىن 215 مىڭ يۈەن يىغىۋېلىندى، 346 ئادەم مالىيە، كارخانا، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كاپالەتلەندۈرۈش ئىدارىسى تارقاتقان 1 مىليون يۈەن ئىشسىزلىق ياردەم پۇلى ئالدى. 191 ئائىلىدىكى 1166 ئادەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. باغ - ئورمان، يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش كۆلىمى 233 گېكتارغا يەتتى، يېشىللىق بىلەن قاپلانغان رايون كۆلىمى 135.2 گېكتارغا يەتتى. 12 - ئايدا ناھىيىلىك شەھەر قۇرۇلۇشى ئىدارىسىنىڭ پىلانلاش ئىشخانىسى ش ئۇ ئا ر پىلانلاش - لايىھىلەش يۈرتى ۋە ئىلى ۋىلايەتلىك شەھەر - يېزا پىلانلاش - لايىھىلەش يۈرتى بىلەن بىرلىكتە چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ ناھىيە بازىرىنىڭ ئومۇمىي پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى.

ۋۇ يۈلى

### دولاتا پورتىدا چېگرا ئاھالىلىرىنىڭ ئۆز ئارا سودىسى يولغا قويۇلدى

1999 - يىل 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى دولاتا پورتىدا چېگرا ئاھالىلىرىنىڭ ئۆز ئارا سودىسى رەسمىي باشلاندى. كۆمۈر، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى، كىيىم - كېچەك، ھەرخىل ماللار ۋە بىر قىسىم ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش بۇيۇملىرى سودا قىلىندى. دۇلاتا پورتى 1994 - يىلى دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قۇرۇقلۇق پورتى بولۇپ تەستىقلاندى. 1998 - يىل 10 - ئاينىڭ 8 - كۈنى پورت ۋاقىتلىق ئېچىلىپ مال ئۆتكۈزۈلۈشكە باشلىغانىدى. 1999 - يىل5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى دۇلاتا چېگرا ئاھالىلىرىنىڭ ئۆز ئارا سودا بازىرىغا ئۇل سېلىنىپ ئىش باشلاندى. چاپچال ناھىيىسى سودىگەر چاقىرىپ، مەبلەغ كىرگۈزۈپ، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىدىكى گۇاڭئىڭ گۇرۇھى شىركىتى ۋە جيالىشىن شىركىتىدىن ئىبارەت 2 كارخانا بىلەن بىرلىكتە مەبلەغ سېلىپ، دۇلاتا پورتى چەكلىك تەرەققىيات شىركىتىنى قۇردى. ئۆز ئارا سودا بازىرىنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 78 مىڭ 70 كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 23 مىڭ 960 كۋادرات مېتىر. بۇنىڭغا 30 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلاندى، شۇ يىلى 9 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىغىچە دولاتا پورتىدىن 1500 توننا مال ئۆتكۈزۈلدى، سودا سوممىسى 16 مىليون يۈەنگە يەتتى.

جۇ پىڭنىڭ

☆ 5 - ئاينىڭ 3 - كۈنى چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى بويىچە يېزا ياشلىرىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك مەدەنىيەت بايرىمى ناداچىنىرۇ يېزىسىدا باشلاندى.

☆ 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىلىك قىزىل كرېست جەمئىيىتى قۇرۇلدى.

ۋۇ يۈلى

# تارباغاتاي ۋىلايىتى

## ئاساسىي ئەھۋالى

تارباغاتاي ۋىلايىتى ئاپتونوم رايوننىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. مەمۇرىي مەھكىمە تۇرۇشلۇق جايدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 637 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى ۋىلايەتكە قاراشلىق شەھەر 2، ناھىيە

# غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ تارباغاتاينىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېڭى سەكرەشنى ئىشقا ئاشۇرايلى

ج ك پ تارباغاتاي ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى تاڭ دېڭباڭ



غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش، ئوتتۇرا غەربىي قىسمىدىكى رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش — پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا قارىتا ئوتتۇرىغا قويغان مۇھىم بىر ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشى. تارباغاتاي ۋىلايىتى ئاپتونوم رايونلۇق غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھازىرقىنى كۆزدە تۇتۇپ، يىراقنى نەزەر سېلىپ، غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتىكى تارىخىي پۇرسەتنى تۇتۇپ، ئىدىيىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ، كۆز قاراشتا بۆسۈش ياساپ، تۈزۈلمىنى تەڭشەش سالمىقىنى كۈچەيتىپ، ئەۋزەل، تۈۋرۈك كەسىپلەرنى يېتىشتۈرۈپ ۋە زورايتىپ، ئالاھىدە كەسىپ ۋە مەھسۇلاتلارنى يۆلەپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىي قىلدۇرۇش مۇھىتىنى ياخشىلاپ، ۋىلايەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە تۇرلۇك ئىجتىمائىي كەسىپلەرنى بىر يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشنى قارار قىلدى.

1. ئورۇننى توغرا بېكىتىپ، تارباغاتاينىڭ غەربىي

5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 844 مىڭ (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 380 مىڭ 100)، يېزا نوپۇسى 384 مىڭ 800؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰10.49، ئۆلۈش نىسبىتى ‰2.76، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰7.73. ۋىلايەت بويىچە 285 مىڭ 900 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 97 مىڭ 600 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 165 مىڭ گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى، كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تېپىدىكى قۇرغاق، يېرىم قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

تارباغاتاي ۋىلايىتىدە چوڭ - كىچىك 107 دەريا - ئېقىن بار بولۇپ، ئومۇمىي ئېقىن مىقدارى 5 مىليارد 279 مىليون كۇب مېتىرغا، ئېچىشقا بولىدىغان يەر ئاستى سۈيىنىڭ مىقدارى 1 مىليارد 235 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. چاغانتوقاي سوغىگۈلى، ياۋا بادام، باسباي قويى، زاراڭزا يېغى، شىخو پېۋىسى، شىخو سۈت پاراشوكى، تولى گرانىت تېشى، چۆچەك ئاق قۇسى قاتارلىق داڭلىق ماددىي بايلىقلىرى بار. گەنجياخو سۆكسۆك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، چاغانتوقاي ناھىيىسى تەۋەسىدىكى ياۋا بادام تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدىن ئىبارەت ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكتىن يۇقىرى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى بار. ھايۋانلاردىن ئاساسلىقى يىلپىز، ئاق بوغۇز بۆكەن، بۇغا، قوڭۇر ئېيىق، ئارقار، سۈلەيسۇن، ئاق لەيلەك، قارا لەيلەك، سېرىق بۈركۈت، چوڭ ئاققۇ، ئۇلار، شىنجاڭ سالاماندراسى قاتارلىقلار بار. ئاساسلىق قېزىلما بايلىقلاردىن تۆمۈر، خروم، ئالتۇن، كۆمۈر، ھاك تېشى، كۆل تۇزى، تاش پاختا، بېنتونىت، سېغىز قاتارلىقلار بار. 620 مىڭ گېكتار ئورمان بار بولۇپ، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %4.82كە يېتىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئورمانلىق 62 مىڭ گېكتار. ئوتلاق كۆلىمى 6 مىليون

قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتىكى بۆسۈش ئېغىزى ۋە باشلاش نۇقتىسى ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەك. تارباغاتاي ۋىلايىتى شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك چوڭ رايونى، يېزا ئىگىلىكى ۋىلايەتنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىنى يۆلەپ تۇرماقتا. يېرىك يېزا ئىگىلىكى بايلىقىنىڭ موللىقى تارباغاتاينىڭ كەڭ چوڭ ئەۋزەللىكى، تارباغاتاي ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ چىقىش يولى ۋە ئۈمىدى يېرىك يېزا ئىگىلىك بايلىقىنى چوڭقۇر ئېچىشتا. يېرىك يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت مۇھىم ھالقىنى چىڭ تۇتۇپ، زامانىۋى يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىي قارىشى ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىنى باشقۇرۇش ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، بازارنى يېتەكچى قىلىپ، يۇقىرى تېخنىكا بىلەن قوراللانغان باشلامچى كارخانىلارنىڭ يېتەكلىشى ئارقىلىق، ۋىلايەتتىكى مول يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاشنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتكەندە، ئاندىن ۋىلايەتنىڭ ئىقتىسادىنى يېڭى بىر باسقۇچقا كۆتۈرگىلى بولىدۇ. شۇڭا بىزنىڭ غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش داۋامىدا چوڭ بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش - چىقىرالماسلىقىمىز، يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا بۆسۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش - ئاشۇرالماسلىقىمىزغا باغلىق.

تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىسادىدىكى رايون پەرقى بىر قەدەر چوڭ، غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى يولغا قويۇشتا چوقۇم تۈرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىش پرىنسىپىنى گەۋدىلەندۈرۈش لازىم. شىخو، ساۋەنلەرنى ئاپتونوم رايوننىڭ تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئاۋۋال تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ئىقتىسادىي بەلۋاغقا كىرگۈزۈپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىدىكى رايون، ئورۇن ئەۋزەللىكى ۋە ئىقتىسادىي كۈچىنىڭ نىسپىي كۈچلۈك بولۇشىدەك پايدىلىق شارائىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، يىلىغا تەخمىنەن 20%تىن ئارتۇق ئاشۇرۇش سۈرئىتى بىلەن تېز تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم. تارباغاتاي ئويمانلىقىدىكى ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر)لەر سۇ، تۇپراق، يورۇقلۇق، ئىسسىقلىق بايلىقىنىڭ ناھايىتى مول بولۇشىدەك پايدىلىق شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى چۆرىدەپ، تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلىشى لازىم. قوبۇقسار ۋە تولى ناھىيىلىرى يەنە قېزىلما بايلىقلارنى ئېچىش مەسىلىسىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشى، ئەۋزەل بايلىققا تايىنىپ، ناھىيىنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىنى تېزلىكتە كۈچەيتىشى لازىم. شۇڭا تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتىكى ئورنىنى مۇنداق يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ: مەۋقەنى يېرىك يېزا ئىگىلىك بايلىقى ئەۋزەللىكىگە قويۇش، يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەشنى يېتەكلەش، يۇقىرى يېڭى - تېخنىكا ۋە ئەۋزەل بايلىقنى چوڭقۇر ئېچىشقا تايىنىپ، زامانىۋى يېزا ئىگىلىك كەسپىنى تۈۋرۈك قىلغان ئىقتىسادىي سىستېمىنى قۇرۇش، شىخو، ساۋەنلەرنىڭ رايون، ئورۇن ئەۋزەللىكى ۋە باقتۇ پورتىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، ھەر تەرەپلىمە ئېچىۋېتىپ، تارباغاتاي ۋىلايىتى ئىقتىسادىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى، سەكرەپ تەرەققىي قىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. 10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىنىڭ ئاخىرىدا مىللىي

29 مىڭ 800 گېكتار، پايدىلىنىشقا بولىدىغان كۆلەم 85%. ئاساسلىق ياۋا دورا ماتېرىياللىرىدىن سوغىگۈل، قانتېپەر، توشقان زەدىكى، چۈچۈكبۇيا، كەتىرا، ئاق چوغلۇق، رەۋەن قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ تارباغاتاي ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋۇ چىلىن؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: قىزايجان سېرقوجا (قازاق)، تالىڭ دىڭبالىڭ، گو يۇڭخۇي، ئالىم كەرىمەت (قازاق)، ليۇ گۇاڭجى (7 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: بايغوجا مىرقەتباي (قازاق)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ۋاڭ شىزې، نى بوشياڭ، شۈ جيابىن (3 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ۋالىي: قىزايجان سېرقوجا (قازاق)؛ مۇئاۋىن ۋالىيلار: شۈ جيابىن (3 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جاڭ شاۋۋېي، ئابلاجان ئىسىن، جۇڭگو دورجالا (موڭغۇل)، جۇ تېيزبىڭ (12 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، لى پېڭ (12 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى: زۇ دېشى، كۆلەن مامۇربېك (ئايال، قازاق، 4 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ۋاڭ ياجۇن (4 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 370 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 1 مىليارد 919 مىليون يۈەن)گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 7.13% ئاشتى. 585 مىڭ 600 توننا

ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى، مالىيە كىرىمى، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمىنى «ئۈچ قاتلاش» نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم.

2. قۇرۇلمىنى تەڭشەش سالمىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئەۋزەل، تۈۋرۈك كەسىپلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش ۋە زورايتىش كېرەك.

1) چارۋىچىلىق كەسپى. چارۋا تۈرى قۇرۇلمىسى بىلەن نەسىل قۇرۇلمىسىنى زور دەرىجىدە تەڭشەپ، كالا بېقىشنى گەۋدىلىك تەرەققىي قىلدۇرۇپ، قوي بېقىشنى رايونلارغا ئايرىپ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. 800 مىڭ تۇياق ئەلا سورتلۇق كالا بازىسى قۇرۇلۇشىنى ئوبدان تۇتۇش، 1 مىليون 500 مىڭ تۇياق ئەلا سورتلۇق ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي بازىسى قۇرۇش، 1 مىليون تۇياق تىۋىتلىق ئۆچكە بازىسى قۇرۇش، 1 مىليون تۇياق باسباي قويى بازىسى قۇرۇش لازىم. چوشقا، ئۆي قۇشلىرىنى بېقىش ۋە بۇغا، ئاققۇ قاتارلىق ئالاھىدە ھايۋانلارنى بېقىشنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم. چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش كەسپىنى تېزلىتىش ۋە زورايتىش، يەم - خەشەك سانائىتىنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم. 2) زىراائەت كەسپى. مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ زىراائەت كەسپى بازىسى قۇرۇشنى نىشان قىلىپ، زىراائەت تېرىشنى ۋە زىراائەت دېنىنى (چېچەكنى) ئىنچىكە يۇرۇشلەشتۈرۈپ پىششىقلاشنى بىرگەۋدە قىلغان زىراائەت كەسپى سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش كېرەك. 3) پاختىچىلىق كەسپى تېرىلغۇ كۆلىمى 67 مىڭ گېكتار، 110 مىڭ توننا مەھسۇلات ئالغىلى بولىدىغان سورتلۇق پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇش لازىم. كېۋەز تېرىش، چىگىت ئايرىش، پاختا توقۇمىچىلىق، چىگىتتىن ياغ ئارتىش ۋە چىگىت ئاقسىلىنى ئايرىشنى بىرگەۋدە قىلغان پاختىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش لازىم. 4) پەمىدۇر كەسپى. ساۋەن ناھىيىسى، شىخو شەھىرى ۋە تارباغاتاي ئويمانلىقىدا يىلىغا 2 مىليون توننا مەھسۇلات ئالغىلى بولىدىغان، 20 مىڭ گېكتارلىق كونسېرۋا پەمىدۇرى بازىسى قۇرۇش لازىم. پەمىدۇر تېرىش، پەمىدۇر قىيامى، پەمىدۇر ئالقىنى قىزىل پىگمېنت ياساشنى بىرگەۋدە قىلغان پەمىدۇرچىلىق كەسپى سىستېمىسىنى قۇرۇش لازىم. 5) ئاشلىق كەسپى 67 مىڭ گېكتار ئاشلىق تېرىش بازىسى قۇرۇش، تارباغاتاي ئويمانلىقىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، 33 مىڭ گېكتارلىق مەخسۇس سورتلۇق بۇغداي ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇش كېرەك. ئاشلىقنى ئىنچىكە پىششىقلاشنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، يېڭى يېمەكلىك پىششىقلاش كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم. باشلامچى كەسىپ بىلەن بازىنى زىچ بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئاشلىق تېرىش ۋە پىششىقلاشنى بىرگەۋدە قىلغان ئاشلىق كەسپى سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈش لازىم.

ئەۋزەللىككە ئىگە 5 چوڭ تۈۋرۈك كەسپىنى ئوبدان تۇتۇش بىلەن تەڭ، ئۆز شارائىتىمىزغا ئاساسەن قارا گازىر، ئالقات، خاسىڭ، قۇلماق، جۇڭخېي دورا ماتېرىيالى، قارا گاللۇن، كۆكتات، ھاراق ئېچىتىدىغان ئۈزۈم، قارا ئۆرۈك قاتارلىق رايون ئالاھىدىلىكىگە ئىگە مەھسۇلاتلارنى 67 مىڭ گېكتار يەرگە تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم.

تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ قېزىلما بايلىق جەھەتتىكى

ئاشلىق، 120 مىڭ 500 توننا ياغلىق دان، 77 مىڭ توننا پاختا، 296 مىڭ 400 توننا قىزىلچا ئېلىنىدى. 5000 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىنىدى. 68 مىڭ 600 توننا گۆش، 7200 توننا قوي يۇڭى، 13 مىڭ 300 توننا سۈت ئېلىنىدى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 204 مىليون 977 مىڭ 300 يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى، 5300 گېكتار بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈلدى، 10 مىڭ 600 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى، 7500 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى. يېزا - بازار كارخانىلىرى 21 مىڭ 544 كە، كىرىمى 225 مىليون يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 750 مىليون يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %11.6 ئاشتى. سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 701 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %10.4 ئاشتى. 344 مىليون 488 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 3 مىليون 261 مىڭ توننا كۆمۈر، 408 مىڭ 200 توننا سېمونت، 510 مىليون پارچە خىش، 66 مىڭ 900 توننا پېۋا، 165 مىڭ 100 توننا ئۇن، 115 مىڭ توننا تۇز، 30 مىڭ 400 توننا شېكەر، 75 مىڭ توننا پاختا ئىشلەپچىقىرىلدى. 1999 - يىلى چوڭ تۈرلەردىن 48 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان سۆگەت جىلغىسى سۇ ئامبىرى، 12 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان تىيېچاڭگو كۆمۈركان 4 - قۇدۇقى قۇرۇلۇشلىرى تاماملاندى. چوڭ تۈرلەردىن 44 مىليون 750 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، تارباغاتاي ئويمانلىقىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى، 65 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، قوبۇقسارنىڭ جەنۇبىدىكى يېزا ئىگىلىكىنى ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇش قۇرۇلۇشى، 44 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، تارباغاتايدا زىراائەتنى كەسپلەشتۈرۈش تۈرلىرى داۋاملىق ئىشلەنمەكتە. يېڭىدىن 23 كىلومېتىر توك سىمى (110 مىڭ ۋولتتىن يۇقىرى) تارتىلدى، 145 كىلومېتىر تاشيول ياسالدى، شەھەرنىڭ كۈنىگە 21 مىڭ توننا سۇ بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى كۆپەيتىلدى، 1 مىليون 33 مىڭ 500 كۋادرات

ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، قېزىلما بايلىقلارنى ئېچىش ۋە پىششىقلاش كەسپىنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم. ھەرىنچىدىن بىناكارلىق ماتېرىياللىرى سانائىتىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، تاش ماتېرىياللارنى پىششىقلاش، سېمونت، يەرگە ياتقۇزۇلىدىغان رەڭلىك سىرلىق خىش، دانچە ساپال قاتارلىق بىناكارلىق ماتېرىياللىرى كارخانىلىرىنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە زورايتىش لازىم. ئىككىنچىدىن ئېنېرگىيە سانائىتىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش، كۆمۈرچىلىك كارخانىلىرىنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش لازىم. ئېلېكتر ئېنېرگىيە قۇرۇلۇشى بىلەن ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشىنى تەڭ ئىلگىرى سۈرۈش، ئوت ئېلېكتر كەسپىنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئېلېكتر تورى قۇرۇلمىسىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە ياخشىلاش، ئاپتونوم رايون ئېلېكتر تورىنىڭ غەربىي قىسىم ئېلېكتر بېسىمى تايىنىش نۇقتىسىنى قۇرۇش لازىم. ئۈچىنچىدىن ئالتۇن، خروم قېزىلما بايلىقىغا تايىنىپ رەڭلىك مېتال پىششىقلاش سانائىتىنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم. تۆتىنچىدىن قوبۇقسار تۇزچىلىق باش شىركىتىنى باشلامچى قىلىپ، كۆلچەك تۇز بايلىقىنى مۇۋاپىق ئېچىپ ۋە پايدىلىنىپ، تۇزچىلىق خىمىيە سانائىتىنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم. بەشىنچىدىن نېفىت، تەبىئىي گاز مەھسۇلاتلىرىنى پائال ئېچىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش لازىم.

سانائەت قۇرۇلمىسىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، دەرىجىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق تەڭشەشنى يېتەكلەش تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى ئىستراتېگىيىلىك تەڭشەشنىڭ يادروسى. زاراڭزا، گۆش، سۈت ياسالمىلىرى، ئاشلىق، توقۇمىچىلىق، كۆمۈر، پىۋا، تاشقى سودا، بىناكارلىق قاتارلىق 8 چوڭ كارخانا گۇرۇھىنى كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە زورايتىش، بىردىن ئىككىگىچە شىركەتنى يېتىشتۈرۈپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ پېيىنى بازارغا سېلىش لازىم. 10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە 6 مىليارد يۈەن مەبلەغ سېلىپ، يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان، كېڭەيتىپ قۇرۇلىدىغان ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىلىدىغان سانائەت تۈرىدىن 100نى ياخشى تۇتۇش لازىم. داڭلىق ماركا ئىستراتېگىيىسىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇش، داڭلىق مەھسۇلات ئارقىلىق قۇرۇلمىنى تەڭشەشكە باشلامچىلىق قىلىش، كەسىپلەرنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. 10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە «بوستانلىق مېۋىسى»، «شىخو پېۋىسى»، «تايۈەن» زاراڭزا سافلاملىق يېغى، «ۋېيدى» قارا گاللون ئىچىملىكى، «شىنخۇا» سۈت پاراشوكى، ئۈچكە تىۋىتى يىپى، سېپتا يىپ، مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان ئۇن قاتارلىق 8 داڭلىق يۈرۈشلۈك مەھسۇلاتلارنى نۇقتىلىق يېتىشتۈرۈش ۋە يارىتىش، تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ بازاردىكى رىقابەت

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| | تۈرلەر | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | | 49.98 | 8.28 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 21.01 | 3.59 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 11.95 | 10.43 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 17.02 | 12.94 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (تۈمەن توننا) | | 58.56 | —5.1 · |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 379.36 | 5.35 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | | 25.13 | 17.4 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (تۈمەن كىلوۋات) | | 88.67 | 11.93 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (100 مىليون يۈەن) | | 17.47 | 8.44 |
| شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (100 مىليون يۈەن) | | 37.11 | 1.87 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 24631 | 7.56 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 57977 | 4.28 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 2 مىليارد 824 مىليون يۈەن. يۇقىرىدىكى سانلار ناھىيە تەۋەسىدىكى بىڭتۇەننىڭ سانىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش لازىم.

3. ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئۈچۈن ياخشى شارائىت ھازىرلاش لازىم. تۈرلەرنىڭ دەسلەپكى تەييارلىق خىزمىتىنى پائال ياخشى ئىشلەش لازىم. سۇچىلىق قۇرۇلۇشى جەھەتتە، دۆربىلجىن دەرياسى، چىڭگىشور دەرياسى، قورغاس دەرياسى ۋە قوبۇق دەرياسىدىن ئىبارەت 4 ئاساسىي دەريا ئېقىمىنى ئۇنىۋېرسال تىزگىنلەپ ئېچىشنى چۆرىدەپ، 7 سۇ ئامبىرى ياساش، يۇقىرى ئۆلچەملىك، سۇ تېجەيدىغان 67 مىڭ گېكتار سۇغىرىش رايونى قۇرۇش، 4 چوڭ سۇغىرىش رايونىنىڭ سۇ تېجەشلىك قىلىپ ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنىڭ دەسلەپكى خىزمەتلىرىنى تاماملاش لازىم. قاتناش جەھەتتە، چۆچەكتىن قارامايغىچە بولغان 2 - دەرىجىلىك تاشيول قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، قۇرۇلۇشنى بالدۇرراق تۈگىتىش لازىم. ئۆلكە يولى «2926» لىنىيىسى چۆچەكتىن سىرتقا ماڭىدىغان ئاساسلىق يول، بۇ لىنىيىدە «راۋانلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى»نى يولغا قويۇپ، ئۆزگەرتىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، تاشيولنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، شۇنىڭ بىلەن تەڭ تولىدىن چۆچەككە بارىدىغان يولنىڭ 120 كىلومېتىر بۆلىكىدە ئورمان بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، شىنجاڭ بويىچە ئەڭ ئۇزۇن يېشىل كارىدورىنى قۇرۇپ چىقىش لازىم. ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلۇش جەھەتتە، تارباغاتاي ئويمانلىقىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى ئۇنىۋېرسال باشقۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ۋە شىخو، ساۋەن، قويۇقسارلارنىڭ جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ چېتىدە قۇم - بوراننى توسۇش ئېكولوگىيىلىك ئورمىنى بەرپا قىلىش تۈرىنىڭ دەسلەپكى تەييارلىق خىزمىتىنى نۇقتىلىق تۇتۇش لازىم. شەھەر قۇرۇلۇشى جەھەتتە، شەھەر تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي پىلانىنى يەنىمۇ تۈزىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، شەھەرنى ئۆزگەرتىش سالمىقىنى كۈچەيتىپ، شەھەر قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش لازىم. ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر) لەر ئۆزلىرىنىڭ سانائەت باغچا رايونىنى پىلانلاپ چىقىش، يۈرۈشلەشكەن مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى ئوبدان ئىشلەش، غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ۋە سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ كىرگۈزۈش ئۈچۈن ياخشى شارائىت ھازىرلاش لازىم. تەبىئەتنى ئۆزگەرتىپ، تاغ - دەريالارنى قايتا ئورۇنلاشتۇرۇش جاسارىتىنى ئىشقا سېلىپ، يېزىلارنىڭ كونا - قالاق قىياپىتىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىپ، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى يېڭى سەكرەشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش لازىم.

---

مېتىر تۇرالغۇ ئۆي كۆپەيتىلدى، جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۇلۇككە 1 مىليارد 405 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئىچكى ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرى 19، سېلىنىدىغان مەبلەغ 972 مىليون 900 مىڭ يۈەن. 15 تۈردە سودا توختامى ئىمزالاندى، ئۈنۈمگە 113 مىليون 714 مىڭ 200 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 864 مىليون 50 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 699 مىليون 870 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 140 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 15 مىڭ 829 تېلېفون ئابونىتى كۆپەيدى، بازار سودىسىدا پۈتۈشۈلگەن سومما 561 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە، ساياھەتچىلىك كەسپىنىڭ كىرىمى 35 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ۋىلايەت بويىچە يەرلىك كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 6143 (مەسئۇل سىياسىي خادىملار بۇنىڭ سىرتىدا). بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي ئۇنۋانى بارلار 672، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 5471. مۇشۇ يىلى «تارباغاتاي ۋىلايىتى بويىچە 1 مىليون 200 مىڭ مو يەردىكى ئاشلىقتىن يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش ئۇنىۋېرسال تېخنىكىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش» قاتارلىق 34 تۈرلۈك پەن - تېخنىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش مۇكاپاتى باھالاپ چىقىلدى. ۋىلايەت بويىچە تۈرلۈك مەكتەپ 619، ئوقۇغۇچىسى 170 مىڭ 800 (مىللىي 81 مىڭ 300)، ئوقۇتقۇچى 12 مىڭ 800 (مىللىي 6800). بۇنىڭ ئىچىدە، بالىلار باغچىسى 18، باغچىدىكى بالا 9200 (مىللىي 2700)، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلىرى 500 (مىللىي 200)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 472، ئوقۇغۇچىسى 104 مىڭ 300 (مىللىي 53 مىڭ 800)، ئوقۇتقۇچىسى 7800 (مىللىي 4300)؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 115، ئوقۇغۇچىسى 53 مىڭ 400 (مىللىي 24 مىڭ 700)، ئوقۇتقۇچىسى 4400 (مىللىي 22 مىڭ 100)؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم 14، ئوقۇغۇچىسى 3900 (مىللىي 2300)، ئوقۇتقۇچىسى 4400 (مىللىي 200). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 35 مىليون 844 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئو ئىستانسىسى 3 بولۇپ، رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 85%كە، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى 3 بولۇپ، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 82%كە يەتتى. 1999 - يىلى تولى ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئۇنىۋېرسال بىناسى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك كۇتۇپخانىنىڭ كىتاب ئامبىرى، يېزا (بازار) لىق مەدەنىيەت پونكىتىدىن 6سى، كەنت، ئەترەت

مەدەنىيەت ئۆيىدىن 108ى يېڭىدىن قۇرۇلدى. ۋىلايەت بويىچە 419 سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا 30، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 4542، كارىۋات 3276.

1999 - يىلى ۋىلايەت تەنھەرىكەتچىلىرى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، قەدىمچە چېلىشىشتا 2 ئالتۇن مېدال، رۇداۋچە چېلىشىش، يېنىك ئاتلېتىكا، ۋاسكېتبول، پۇتبوللارنىڭ ھەربىرىدە بىردىن ئالتۇن مېدال ئالدى. قەدىمچە چېلىشىشتا بىر كۈمۈش مېدال، يېنىك ئاتلېتىكا، ئەركىن چېلىشىش، بوكس، تەيچۈەنداۋ، رۇداۋچە چېلىشلاردا جەمئىي 10 مىس مېدال ئالدى، بۇنىڭ ئىچىدە بوكس مۇسابىقىسىدىلا 6 مىس مېدال ئالدى.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرمۇش خىراجىتى 5119 يۈەنگە، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2707 يۈەنگە، ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 5568 يۈەنگە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە سۇغۇرتا كەسپىنىڭ سۇغۇرتىلاش سوممىسى 4 مىليارد 266 مىليون يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ يىللىق سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 80 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە، بۇنىڭ ئىچىدە، جىسمانىي سۇغۇرتىنىڭ 50 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە، مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ 30 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ سۇغۇرتىدا 22 مىليون 950 مىڭ يۈەن تۆلەم بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىدا 17 مىليون 340 مىڭ يۈەن، جىسمانىي سۇغۇرتىدا 5 مىليون 610 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى. ۋىلايەت بويىچە نامراتلارنى يۆلەش ئۈچۈن 216 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، دۆلەت نامراتلارنى يۆلەش ئۈچۈن 35 مىليون 620 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى. نامراتلارنى يۆلەش تەرەققىيات تۈرىدىن 21ى يولغا قويۇلدى، 1332 ئائىلىدىكى 6663 ئادەم كىيىم پۈتۈن، قورساق توق بولۇش ئۆتكىلىدىن ئۆتتى. 2 ناھىيىدىكى 13 قىيىنچىلىقى بار يېزىدىكى نامراتلارنىڭ نوپۇسى 3853 كە چۈشتى. ۋىلايەت بويىچە تۈرلۈك ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئورنى 11، كارىۋىتى 289، بېقىلىۋاتقان ئادەم 128. باغۋارانلاشتۇرۇش، كۆكەرتىش كۆلىمى 3000 گېكتارغا، كۆچەتخانا 200 گېكتارغا، باغچا 11گە يەتتى.

☆ 4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى شىنجاڭ «تايۈەن» زاراڭزا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ ئومۇمىي پاي دەسمايىسى 10 مىليون يۈەندىن ئاشىدۇ.

گۈلزار نىياز

# چۆچەك شەھىرى

## ئاساسىي ئەھۋالى

چۆچەك شەھىرى چۆچەك ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە، تارباغاتاي تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان، ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 637 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 5، دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە چارۋىچىلىق فېرمىسى 6، مەھەللە ئىش باشقارمىسى 3، ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئەسلىلىك كالا فېرمىسى بىر. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۇەننىڭ شەھەردە تۇرۇشلۇق نوپۇسى بۇنىڭ سىرتىدا) 132 مىڭ 91 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 53 مىڭ 853)، يېزا نوپۇسى 74 مىڭ 698؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 9.61‰، ئۆلۈش نىسبىتى 2.64‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 6.97‰. شەھەر بويىچە 70 مىڭ 936 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 24 مىڭ 960 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 33 مىڭ 393 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

شەھەر تەۋەسىدە چوڭ - كىچىك 14 دەريا - ئېقىن بار، يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارى 755 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ زاپىسى 385 مىليون كۇب مېتىرغا، تارتىشقا بولىدىغىنى 146 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 4700 گېكتار ئورمان، 239 مىڭ گېكتار ئوتلاق بولۇپ، چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن سوغىگۈل، چاكاندا، ئاق چوغلۇق، ياۋا گۈلسامساق قاتارلىقلار، كۆلىمى چوڭراق ئىقتىسادىي ئۆسۈملۈكلەردىن قومۇش، ياۋا ئازغان، ياۋا بادام قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى ھاك تېشى، گرانىت تاش، كۆمۈر، تۆمۈر، ئالتۇن قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ چۆچەك شەھەرلىك 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: شۇ جىڭيۈەن.

4 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: سارسىقان قالىم (قازاق).

شەھەر باشلىقى: ئادىلبېك قالقابېك (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ياڭ ۋېيچاڭ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى چۆچەك شەھىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 514 مىليون 107 مىڭ 900 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 284 مىليون 108 مىڭ 900 يۈەن)گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 7.7% (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ ئوخشاش) ئاشتى. 130 مىڭ

## خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 ـ يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 95118.43 | 9.2 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 27196.13 | 6.2 |
| | 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 23383.8 | 9.4 |
| | 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 44538.5 | 11.2 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (تۈمەن توننا) | | 13.07 | 6.46— |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 54.44 | 13.84 |
| يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 27351.78 | 20.4 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (تۈمەن كىلوۋات) | | 18 | 2.27 |
| تاشقى سودا ئىمپورت ـ ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن دوللار) | | 10790 | 10.49 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 37937 | 2.92 |
| شەھەر ـ يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 76788 | 47.67 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 4635 | —1.7 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 7329 | —7.5 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 500 مىليون 518 مىڭ يۈەن.

696 توننا ئاشلىق، 46 مىڭ 560 توننا ياغلىق دان، 41 مىڭ 39 توننا قىزىلچا ئېلىندى. 738 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، پارچە ـ پۇرات يەرلەرگە 420 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى، 20 گېكتار يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى. 6122 توننا گۆش، 10 مىڭ 736 توننا سۈت، 1051 توننا قوي يۇڭى، 137 مىڭ 500 پارچە تېرە، 560 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. ئېتىز ـ ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 64 مىليون 486 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 202.1 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسالدى، 124 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، 930 گېكتار بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈلدى، 1880 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى، 155.5 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى. يېزا ـ بازار كارخانىسى 4569 بولۇپ، كىرىمى 277 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 159 مىليون 102 مىڭ يۈەن (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا) گە يېتىپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن %12.1 كۆپەيدى؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 50 مىليون 502 مىڭ يۈەن (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا) گە يېتىپ، %6 ئاشتى. 156 مىليون 540 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 26 مىڭ 600 توننا سېمونت، 61 مىليون 250 مىڭ دانە خىش، 32 مىڭ 625 توننا ئۇن، 7290 توننا سۇ يېغى، 1257 توننا ئاق هاراق، 17 مىڭ 400 قۇر كىيىم ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە ئوراقلىق مۇلۇككە 181 مىليون 230 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا 71 مىليون 920 مىڭ يۈەن، تۈرالغۇ ئۆيگە 35 مىليون 420 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ ئاساسىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 52 مىڭ 773 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. شۇ يىلى 5 مىليون 90 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، شەرقىي رايوننى ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشى قۇرۇلدى. 1999 ـ يىلى ئىقتىساد تېخنىكا ھەمكارلىق توختامىدىن 7سى ئىمزالاندى، بۇنىڭ سوممىسى 51 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يولۇچى توشۇش ئوبوروت مىقدارى 271 مىليون 670 مىڭ ئادەم ـ كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 132 مىليون 100 مىڭ توننا ـ كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا ـ تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 14 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا پروگراممىلىق تېلېفون ئابونېنتى 18 مىڭ 202گە، يانتېلېفون ئابونېنتى 2827گە، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 25 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە، بازار سودىسىدا پۇتتۈشۈلگەن سومما 86 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە، ساياھەتچىلىك كىرىمى 3 مىليون 160 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

### پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

شەھەر بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 1487 (بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇتقۇچى 733، مەسئۇل سىياسىي خىزمەت ئوقۇتقۇچىسى 33)، مۇشۇ يىلى ۋىلايەت دەرىجىلىك پەن تەتقىقات تۈرىدىن 9ى تاماملاندى. ئاساسلىق پەن تەتقىقات تۈرلىرى مۇنۇلار: جۇڭگوچە ۋە غەربچە داۋالاشنى بىرلەشتۈرۈپ ئۆپكە - يۈرەك كېسەللىكە گىرىپتار بولغان 30 ئادەم داۋالاندى، مەملىكىتىمىزدە ئىشلەپچىقىرىلغان MHZ2.5 ئۆلترا ئاۋازلىق كرىستال ماتېرىيالنى ئىشلىتىپ ياسىغان «B تىپلىق ئۆلترا ئاۋاز دولقۇنلۇق، M مودېللىق، تېرە ئارقىلىق جىگەرگە كىرگۈزۈپ تەكشۈرگۈچ»، قوش قاناللىق ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىدىكى كەنت دەرىجىلىك تەشكىلاتلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىگىلىكىنى باشقۇرۇش تەتقىقات دوكلاتى. شەھەردىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 86 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 27)، ئوقۇغۇچىسى 14 مىڭ 507 (مىللىي 6682)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 22 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 7)، ئوقۇغۇچىسى 7261 (مىللىي 3324)؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم 5، ئوقۇغۇچىسى 2861، ھەرخىل مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 2440، بۇنىڭ ئىچىدە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 1307، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 849، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇتقۇچىسى 284. رادىئونىڭ نوپۇسى قاپلاش نىسبىتى %85كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %91كە يەتتى. يېزا - كەنت مەدەنىيەت ئۆيىدىن 9 ى قۇرۇلدى. شەھەر بويىچە 192 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى (بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا 3، شىپاخانا 12)، 1131 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 582 كارىۋات بار. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق 2 - نۆۋەتلىك مېيىپلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە ماھىر جىن بىلىڭ نەيزە ئېتىش مۇسابىقىسىدە بىر ئالتۇن مېدال ئالدى.

### خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرمۇش خىراجىتى كىرىمى 5119 يۈەنگە، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2611.19 يۈەنگە يەتتى. شەھەر بويىچە ئىشچى - خىزمەتچى 24 مىڭ 495، ئۇلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 7306.5 يۈەنگە يەتتى. تۈرلۈك سۇغۇرتىلارنىڭ سۇغۇرتىلاش سوممىسى 214 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مال - مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 4 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە، جىسمانىي سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 13 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يەتتى، مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىدا 2 مىليون 500 مىڭ يۈەن تۆلەم، جىسمانىي سۇغۇرتىدا 800 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى ۋە پۇل بېرىلدى. 152 ئائىلىدىكى 424 ئادەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. شەھەر بويىچە 13.53 كۋادرات كىلومېتىرلىق ئىس - تۈتەك، چاڭ - توزاننى تىزگىنلەش رايونى قۇرۇلدى. ئاممىۋى كۆكەرتىلمە يېشىللىق... 

جىياۋ زېخەن

### چۆچەك چېگرا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونى قۇرۇلۇشى

1999 - يىلى ھەمكارلىق رايونىدىكى تۈرلۈك تۇرالغۇ مىكرو رايونىدا 7 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، قۇرۇلۇش كۆلىمى 10 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىغان 3 كورپۇس تۇرالغۇ ئۆي بىناسى پۈتكۈزۈپ سېلىندى. 1999 - يىلىغىچە ھەمكارلىق رايونىدىكى يەككە سودا - سانائەتچى ئائىلىسى 559 غا، كەسپكار 930 غا، تىزىملاتقان مەبلىغى 7 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە، خۇسۇسىي كارخانا 7گە، تىزىملاتقان مەبلىغى 2 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ يىلى بىر سودا توختامى ئىمزالاندى، سوممىسى 6 مىليون 200 مىڭ دوللار بولۇپ، ئەمەلىيەتتە 1 مىليون دوللار نەقلەشتى. ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 31 مىليون 760 مىڭ دوللارغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت سوممىسى 30 مىليون 880 مىڭ دوللار، ئېكسپورت سوممىسى 880 مىڭ دوللار.

ياۋ جيەنشې

☆ 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى چۆچەك شەھەرلىك خەلقئارا سودا كارىدورى فۇشەن جىنخۇڭ ئوقەتچىلىك تەرەققىيات شىركىتى بىلەن چۆچەك شەھىرىدىكى چېگرا ئاھالىسىنىڭ ئۆز ئارا ساياھەت قىلغاچ مال سېتىۋېلىش بازىرىنى ئۆتتۈنۈپ بېرىش توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، ئۆز ئارا ئۆتتۈنۈپ بېرىش توختامى ئىمزالىدى، توختام سوممىسى 6 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

جىياۋ زېخەن

## شىخو شەھىرى

### ئاساسىي ئەھۋالى

شىخو شەھىرى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان. شەھەردىن

ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 268 كىلومېتىر، شىخو ۋوگزالى بىلەن ئۈرۈمچى جەنۇبىي ۋوگزالىنىڭ تۆمۈريول مۇساپىسى 236 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 5، بازار 10، يېزا 7، دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە چارۋىچىلىق فېرمىسى 4، ئورمانچىلىق مەيدانى بىر، باغۋەنچىلىك مەيدانى بىر. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 323 مىڭ (بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 7 - شىسىنىڭ شەھەردە تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىنىڭ نوپۇسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەرگە تەۋە نوپۇس 203 مىڭ (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 75 مىڭ)، يېزا نوپۇسى 135 مىڭ؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 9.96‰، ئۆلۈش نىسبىتى 1.83‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 8.13‰. شەھەر بويىچە 166 مىڭ گېكتار تېرىلغۇ يەر (شەھەرگە تەۋەسى 46 مىڭ 200 گېكتار) بار بولۇپ، 16 مىڭ 400 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 2100 گېكتار)، 32 مىڭ 200 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

شىخو شەھىرىنىڭ يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارى 1 مىليارد 664 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 200 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. شەھەر تەۋەسىدىكى كۈيتۇڭ، چېگىشۇر، گۇرت دەريالىرىنىڭ سۈيىدە 62 مىڭ 200 كىلوۋات توك ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ، نۆۋەتتە پايدىلىنىلغىنى 9700 كىلوۋات. شەھەر بويىچە 776 مىڭ 700 گېكتار تەبىئىي ئوتلاق بار، بۇنىڭ ئىچىدە 719 مىڭ 900 گېكتار ئوتلاقتىن پايدىلانغىلى بولىدۇ. 396 مىڭ 400 گېكتار ئورمان بار، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 9.4%. ئاساسلىق دەرەخلەردىن شەمشاد، ئاق سۆكسۆك بار. ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن سوغىگۈل، توشقان زەدىكى، قار لەيلىسى، يەرمەدىكى، قانتېپەر، كەتىرا قاتارلىقلار بار. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن يىلپىز، ئارقار، بۇلغۇن، بۇغا، ئاققۇ، لاچىن قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، كېپەك ئالتۇن، مىس، تۆمۈر، ئالىيۇمىن، خرومىت، نىكېل، سۇرمە، ھاك تېشى، نېفىت قاتارلىقلار بار. 67 كان نۇقتىسى بار. داڭلىق ساياھەت نۇقتىلىرىدىن ئارشاڭ ساناتورىيىسى، شارسۇم، لاما بۇتخانىسىنىڭ قەدىمىي ئىزى، گەنجاخۇ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدىكى ئىپتىدائىي ئورمانلىق قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ شىخو شەھەرلىك 1 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ما كېشاۋ (4 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ۋۇ چېڭيۈەن (4 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: تۇربۇن ئىمىن.

شەھەر باشلىقى: توقمۇقامەت ئىسرايىل (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ۋاڭ ۋۇشۇ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى شەھەر بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 810 مىليون 810 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 317 مىليون 270 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 9.4% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 133 مىڭ 800 توننا ئاشلىق، 37 مىڭ 200 توننا پاختا، 6700 توننا ياغلىق دان، 125 مىڭ 100 توننا كۆكتات، 8700 توننا قوغۇن - قاپاق، 29 مىڭ 700 توننا قىزىلچا ئېلىندى. 1900 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىپ، مەملىكەت بويىچە ئورمان بەرپا قىلىش - كۆكەرتىشتىكى ئىلغار ئورۇن دېگەن نامغا ئېرىشتى. 13 مىڭ 100 توننا گۆش، 4238 توننا سۈت، 1198 توننا يۇڭ، 267 مىڭ 200 پارچە تېرە ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 89 مىليون 69 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 421 سۇ ئىنشائاتى، 63.56 كىلومېتىر كەلكۈن توسمىسى، 88.6 كىلومېتىر كەلكۈن چۈشۈرگۈسى ياسالدى. داۋان سۇ ئامبىرىغا 2 يىلدا جەمئىي 28 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ھازىر قاپقاق چۈشۈرۈلۈپ سۇ قاچىلاندى. 1.21 گېكتار بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈلدى، 13 مىڭ 700 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى. 960 ئىسسىق قوتان ياسالدى، 1000 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى. يېزا - كەنت ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىشكە 12 مىليون 510 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شەھەر بويىچە يېزا - بازار كارخانىسى 5138گە، كىرىمى 607 مىليون يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 614 مىليون 950 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 396 مىليون 448 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 11.99% ئاشتى. بۇ بىر يىلدا 104 مىليون 570 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 789 مىڭ توننا كۆمۈر، 66 مىڭ 900 توننا پىۋا، 3759 توننا ئىستېمال ئىسپىرتى، 5601 توننا پەمىدۇر قىيامى، 31 مىڭ توننا ئۇن، 12 مىڭ 500 توننا ياغ، 215 توننا سۈت پاراشوكى، 312 توننا سۇلياۋ بۇيۇم، 4981 كۇب مېتىر سېمونت قۇيۇلما، 161 مىليون 360 مىڭ پارچە خىش ئىشلەپچىقىرىلدى. 12 مىليون 790 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، پىۋا گۈرۈھىنىڭ يېڭى مەھسۇلات يارىتىش تۈرى،

### خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | | 12.3 | —2.7 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 5.3 | —17.2 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 3.2 | 13.7 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 3.8 | 10.9 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (تۈمەن توننا) | | 13.38 | —4.97 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 63.17 | 0.45 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (تۈمەن كىلوۋات) | | 18.61 | 5.6 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 47225 | 3.1 |
| شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 76446 | —7.4 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 8268 | 1.4 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 9926 | 13.2 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 705 مىليون 930 مىڭ يۈەن.

يۈگدا شىركىتى قەغەز زاۋۇتىنىڭ 5 مىليون كۋادرات مېتىرلىق قەغەز يەشىك ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى، 3 - دەرىجىلىك سۇ - ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 2 .، 3 - نومۇرلۇق گېنېراتورلار گورۇپپىسىنى قۇراشتۇرۇش، تەڭشەش خىزمىتى، چىڭشۇر كۆمۈر كېنىنىڭ سۇ بېشى قۇدۇقىنى كۆچۈرۈپ، ئۆزگەرتىش خىزمىتى تاماملاندى. 25 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ 2 - پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى قۇرۇلدى. شەھەر بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 231 مىليون 740 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 6 مىليون 240 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 5.1 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى شەرقىي بېجىڭ يولى سېمونتلاشتۇرۇلدى. 10 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ شەھەر - يېزىلاردىكى 45 كىلومېتىر يولغا ئاسفالت، 7 كىلومېتىر يولغا شېغىل ياتقۇزۇلدى، 57 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر تۇرالغۇ بىناسى سېلىندى. 7 مىليون 220 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ 11.8 كىلومېتىر سۇ تۇرۇبىسى تورى ياتقۇزۇلدى. بىر يىلدا يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 257 مىليون 730 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 120 مىليون 130 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 24 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە، يېڭىدىن كۆپەيگەن پروگراممىلىق تېلېفون 3506 توچكىغا، بازار سودىسىدا پۈتتۈشۈلگەن سومما 122 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

شەھەر بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 740 (ئالىي دەرىجىلىكى 80). يانتۇ ئالاھىدە قېلىن كۆمۈر قاتلاملىرىنى مېتال تور ئارقىلىق تورۇستا بوشلۇق قالدۇرماي قەۋەتكە ئايرىپ تىرەك قويۇپ، كۆمۈر قېزىش ئۇسۇلى، كېۋەزنى كەڭ يوپۇق يېپىپ ئۇنىۋېرسال يۈرۈشلەشتۈرۈپ تېرىش تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش، جۇڭگو مېرىنوس (شىنجاڭ تىپى) قويىنى كۆپەيتىش، نەسلىنى ياخشىلاش سىستېمىسى، CT نىڭ يېتەكلىشى بىلەن دەسلەپكى مەزگىلدە پېشانىنى تېشىپ ئىچىگە نەيچە كىرگۈزۈپ سۈمۈرۈش ئارقىلىق يۇقىرى قان بېسىمى تۈپەيلىدىن مېڭىگە قان چۈشۈشنى داۋالاش قاتارلىق 17 پەن تەتقىقات تۈرى ئورۇندالدى. 1999 - يىلى شىخو شەھىرىگە مەملىكەت بويىچە پەن - تېخنىكا خىزمىتىدىكى ئىلغار شەھەر دېگەن نام بېرىلدى. شەھەر بويىچە يېزا ئىگىلىك كەسپىي تېخنىكا جەمئىيىتىدىن 36سى قۇرۇلدى. شەھەردىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 76 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 22)، ئوقۇغۇچىسى 23 مىڭ 290 (مىللىي 8926)؛ ئوتتۇرا

مەكتەپ 26 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 15)، ئوقۇغۇچىسى 12 مىڭ 54 (مىللىي 4030)؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم بىر، ئوقۇغۇچىسى 345 (مىللىي 23)؛ ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى بىر، كۇرسانتى 494؛ باللار باغچىسى 5، باغچىدىكى بالا 737 (مىللىي 205). ئوقۇتقۇچى 3387 (مىللىي 949). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 5 مىليون 245 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %96.8كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %90كە يەتتى. شەھەر بويىچە 47 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى (جۇڭگوچە داۋالاش دوختۇرخانىسى بىر، جۇڭگوچە، غەربچە داۋالاش دوختۇرخانىسى 46)، 776 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 153)، 540 كارىۋات بار. ئاپتونوم رايونلۇق «تەيجى گۇمپىسى، تەيجى قىلىچۋازلىقى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى» دە شەھەر كاماندىسى مەنسۇپ مەدەنىيلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئاپتونوم رايونلۇق 2 - نۆۋەتلىك مېيىپلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە چىن دېجۈن ئەرلەرنىڭ ئېغىرلىق كۆتۈرۈش بويىچە 1 - لىككە ئېرىشتى. تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تىكتاك توپ مۇسابىقىسىدە ئەر - ئاياللار كوللېكتىپ 1. لىككە، ئەر - ئاياللار يەككە ئويناش تۈرىدە 1.، 2 - لىككە ئېرىشتى.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2950 يۈەنگە، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2250 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاش كىرىمى 5813 يۈەنگە يەتتى. شەھەر - بازاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ياشانغانلار كۈتۈنۈش سۇغۇرتا ھەققىنى بىر تۇتاش غەملەش دۆلەت كارخانىلىرىدا %100، كوللېكتىپ كارخانىلاردا %84 ئومۇملاشتى. شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى تۈزۈمى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. 540 مىڭ يۈەن تۇرمۇش كاپالەت پۇلى تارقىتىلدى، يېزىلاردىكى يىللىق يېقىش سوممىسى 470 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا يۈندا بىر تەرەپ قىلىش قۇرۇلۇشىغا 53 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى (يۈندا زاۋۇتىغا 38 مىليون 780 مىڭ يۈەن، يۈندا تۇرۇبىسى تورىغا 14 مىليون 320 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى). 2 تۇرلۇك چاڭ - توزان، 3 تۇرلۇك شاۋقۇن ئاۋاز تىزگىنلەندى. شەھەر رايونىدا 6 .20 گېكتار ئاممىۋى كۆكلەملەيدان بەرپا قىلىندى، 3260 نەچچە تۈپ مەنزىرە دەرىخى، 20 مىڭ تۈپتىن كۆپرەك تېرەك تىكىلدى.

☆ 9 - ئايدا شىخو پىۋا گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى مەملىكەت بويىچە سىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنىچى كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى. خاتۇبۇغ بازىرى مەملىكەت بويىچە مەدەنىي كەنت - بازار قۇرۇشتىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

ياڭ شۈشىن

# دۆربىلجىن ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

دۆربىلجىن ناھىيىسى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىي چېتىگە، چۆچەك - دۆربىلجىن ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي شىمالىغا، دۆربىلجىن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 580 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 10، دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە چارۋىچىلىق فېرمىسى 6. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 134 مىڭ 275 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 80 مىڭ 318)، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ نوپۇسى 104 مىڭ 335؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰8.80، ئۆلۈش نىسبىتى ‰2.48، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰6.32. ناھىيە بويىچە 49 مىڭ 786.66 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 16 مىڭ 893.33 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 25 مىڭ 133.33 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى.

زاراڭزا ۋە قارا گاللون دۆربىلجىننىڭ ئالاھىدە كەسپىي قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ، نۇقتىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇلدى.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ دۆربىلجىن ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: شۇ گۇەنجيەن (2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، چېن جيەنگو (3 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: كەۋكەن قالىم (قازاق).

ھاكىم: ئابدەش تورقۇس (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: بازارغالى ئايتان (قازاق).

## يېزا ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 606 مىليون 310 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 319 مىليون 590 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %3 (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) ئاشتى. 76 مىڭ 261 توننا ئاشلىق، 32 مىڭ 141 توننا ياغلىق دان، (بۇنىڭ ئىچىدە زاراڭزا 8905

### خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 74351 | 1.52 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (تۈمەن توننا) | 7.62 | —27.43 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | 65.2 | 3.16 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 27000 | 17.05 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | 119821 | 16.33 |
| تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | 612 | —69.23 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | 28544 | 12.95 |
| بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | 86214 | 7.97 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | 3337 | 15.11 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | 7117 | 6.14 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 396 مىليون 830 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسپىنىڭ 199 مىليون 320 مىڭ يۈەن، 2 - كەسپىنىڭ 58 مىليون 140 مىڭ يۈەن، 3 - كەسپىنىڭ 139 مىليون 370 مىڭ يۈەن.

توننا) ، 112 مىڭ 700 توننا قىزىلچا ئېلىندى، 257 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. 15 مىڭ 269 توننا گۆش، 15 مىڭ 620 توننا سۈت، 3500 توننا تۇخۇم، 1520 توننا قوي يۇڭى ئېلىندى. 620 ئائىلىلىك چارۋىچى يېڭىدىن ئولتۇراقلاشتى، 1880 قوتان ياسالدى، بۇنىڭ ئىچىدە سۇلياۋ يېپىلغان ئىسسىق قوتان 900. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 46 مىليون 669 مىڭ 500 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 150.33 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ، 353 كىلومېتىر ئادەتتىكى ئۆستەڭ ياسالدى، 96 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، 307 سۇچىلىق قۇرۇلۇشى ياسالدى، 1383.33 گېكتار سۇغىرىش كۆلىمى كۆپەيدى، 17 مىڭ 666.66 گېكتار سۇغىرىش كۆلىمى ياخشىلاندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ كىرىمى 256 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 170 مىليون 430 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 108 مىليون 550 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 11.8% ئاشتى؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 46 مىليون 50 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 28 مىليون 830 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 15% ئاشتى. 11 مىڭ 600 توننا كۆمۈر، 19 مىڭ 296 توننا ئوتۇن، 10 مىڭ 981 توننا ياغ، 458 توننا ئاق هاراق، 50 مىليون دانە خىش ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 131 مىليون 760 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 1 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، مەدەنىيەت يولى ئۆزگەرتىلدى ۋە 14 يول - كوچىغا ئاسفالت ياتقۇزۇلدى. قارا ئېمىل يېزىسىغا توك ۋە تېلېفون ئۇلاندى. ئىمزالانغان سودا توختامى 11گە، پۈتۈشۈش سوممىسى 250 مىليون يۈەنگە يەتتى. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 86 مىليون 320 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 77 مىليون 9000 توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 17 مىليون 287 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى پروگراممىلىق تېلېفون 18 مىڭ 756 توچكىغا يەتتى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 20 مىليون 166 مىڭ يۈەنگە، بازار سودىسىدا پۈتۈشۈلگەن سومما 76 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

### پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى

735 (29 سىياسىي خىزمەت ئوقۇتقۇچىسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) شۇ يىلى ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پەن تەتقىقات تۈرىدىن 4ى ئورۇندالدى. ناھىيە بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ 89 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 52)، ئوقۇغۇچىسى 18 مىڭ 985 (مىللىي 12 مىڭ 39)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 1378 (مىللىي 975)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 25 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 16)، ئوقۇغۇچىسى 9072 (مىللىي 5560)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 665 (مىللىي 433). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 9 مىليون 860 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئو، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 76%كە يەتتى. ئۈچ قاراسۇ يېزىسىدا بىر مەدەنىيەت پونكىتى قۇرۇلدى. 10 - ئايدا كادىرلار مىنىستىرلىكى ۋە مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى دۆربىلجىن ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ مەدەنىيەت بازىرىنى تەكشۈرۈش چوڭ ئەترىتىگە «مەملىكەت بويىچە مەدەنىيەتتە ئىلغار كوللېكتىپ» دېگەن شەرەپلىك نامنى بەردى. ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى 16، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 636 (مىللىي 316)، كارىۋات 248. 126 قېتىم ناھىيە، يېزا دەرىجىلىك تۈرلۈك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 4000 دىن كۆپرەك ئادەم (قېتىم) قاتناشتى. 1999 - يىلى «ئاپتونوم رايون بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيىسىدە نەمۇنە كوللېكتىپ» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2100 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 6444.6 يۈەنگە، ناھىيە بازىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرمۇش خىراجىتى كىرىمى 3496 يۈەنگە يەتتى. تۈرلۈك سۇغۇرتىلارنىڭ مۇشۇ يىللىق سۇغۇرتىلاش سوممىسى 10 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە، چىقىم قىلىنغان تۈرلۈك تۆلەم سوممىسى 3 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا 38 مىڭ يۈەن ئىجتىمائىي پاراۋانلىق فوندى يىغىلدى، يىل ئاخىرىدا پاراۋانلىق ئورنىدىكى كارىۋات 20گە يەتتى، 5 بويتاق بوۋاي، تۇل موماي بېقىلدى. نامراتلارنى يۆلەشكە 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 730 مىڭ يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىلدى، 411 مىڭ 500 يۈەن ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش پۇلى تارقىتىلدى.

☆ 5 - ئاينىڭ ئاخىرىدا دۆربىلجىن ناھىيىسىنىڭ ئورقاشار تېغى، تىنما تۆزلەڭلىك بەلۋىغى ۋە قايىقاڭ قاتارلىق جايلىرىدا چېكەتكە ئاپىتى يۈز بەردى، ئوتتۇرىچە زىچلىقى ھەر كۋادرات مېتىردا 100 ئەتراپىدا، ئەڭ كۆپ بولغاندا ھەر كۋادرات مېتىردا 600 — 800 گىچە بولدى. 13 مىڭ 333 گېكتار ئېتىزلىق ۋە 20 مىڭ گېكتار ئوتلاق ئاپەتكە ئۇچرىدى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 11 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

☆ 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى دۆربىلجىن ناھىيىلىك ۋېيدى يېمەكلىكلەر چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئىشلەپچىقارغان ۋېيدى ماركىلىق قارا گاللون شەربىتى ئىچىملىكلىرى 1999 - يىللىق 3 - نۆۋەتلىك خەلقئارا يېمەكلىكلەر كۆرگەزمىسىدە ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

لى رۇڭمىن

# چاغانتوقاي ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

چاغانتوقاي ناھىيىسى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىگە، چۆچەك - دۆربىلجىن ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان ئاتيول مۇساپىسى 589 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 5، مەيدان 2. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 45 مىڭ 778 (ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 20 مىڭ 339)، يېزا نوپۇسى 31 مىڭ 509؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 11.8‰، ئۆلۈش نىسبىتى 4.09‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 7.71‰. ناھىيە بويىچە 24 مىڭ 431 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 7427 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 15 مىڭ 886 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

چاغانتوقاي ناھىيىسىنىڭ باسباي چوڭ قۇيرۇقلۇق قويى (ئاپتونوم رايوننىڭ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدىكى 4 چوڭ ئۈچقۇن تۈرىنىڭ بىرى) ۋە چاغانتوقاي تېكەنىز زاراڭزىسىدىن ئىبارەت ئۆزگىچە ئالاھىدە ماددىي بايلىقى بار. بۇرغۇن دەريا ۋادىسىدىكى ياۋا بادام ئورمانلىقىنىڭ ھازىرقى كۆلىمى 2700 گېكتار كېلىدۇ. تاستى مەنزىرىلىك رايونى ۋە 3600 يىللىق تارىخقا ئىگە بالدىكۆل قىياتاش رەسىملىرىدىن ئىبارەت داڭلىق ساياھەت نۇقتىلىرى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ چاغانتوقاي ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: چېن گۋاڭمىڭ.

11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ۋۇ زۇنمىن.

ھاكىم: مۇختار قاسىقان (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: باتىربېك قوسىيېك (قازاق).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 182 مىليون 914 مىڭ 500 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 101 مىليون 551 مىڭ 500 يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %21.69 ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 32 مىڭ 851 توننا ئاشلىق، 10 مىڭ 619 توننا ياغلىق دان، 6139 توننا قارا گازىر ئېلىنىدى. 536 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 3697 توننا گۆش، 3925 توننا قوي - كالا سۈتى، 672 توننا يۇڭ، 100 مىڭ 300 پارچە تېرە (بۇنىڭ ئىچىدە كالا تېرىسى 6500 پارچە) ئېلىنىدى. 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە چاغانتوقاي ناھىيىسىنىڭ شىمالىي تەرىپى ئىتالىيە ئۇچار چېكەتكىسىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، ئاپەت ئېغىر بولغان رايوندا ھەر كۋادرات مېتىر يەردىكى چېكەتكە 400 — 1000 غىچە بولدى، 17 مىڭ گېكتار يەردىكى دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى، 46 مىڭ 700 گېكتار ئوتلاق ئاپەتكە ئۇچرىدى. ناھىيىدىكى ھەممە ئادەم سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، چېكەتكە مەنبەسىنى توسۇش، ئابرىپ قورشاپ يوقىتىش چارىلىرىنى قوللىنىپ چېكەتكىلەرنى يوقاتتى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 12 مىليون 585 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 1 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، تاغ باغرى تۆزلەڭلىكتىكى يۇركۆپ سۇغىرىش قۇرۇلۇشى، كەلكۈن توسمىسى قۇرۇلۇشى، قارابۇرامۇ ئامبىرىنىڭ دەسلەپكى قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت 3 چوڭ تۈر ئورۇندالدى. ناھىيە بويىچە 21 مىڭ 700 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن كۆپەيتىلگىنى 1379.4 گېكتار. 785 گېكتار بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈلدى. ناھىيە بويىچە 1122 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى. چارۋىچىلارنى ئولتۇراقلاشتۇرۇش بويىچە «433» قۇرۇلۇشى ئورۇندالدى. 420 ئائىلىلىك چارۋىچى ئولتۇراقلاشتى، 420 پارنىك، ئىسسىق قوتان ياسالدى، 38 قۇدۇق قېزىلدى، 52.2 كىلومېتىر يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى تارتىلدى. يېزا - بازار كارخانىلىرى 801گە، كىرىمى 64 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 34 مىليون 680 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 22 مىليون 888 مىڭ 800 يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %24.9

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 17412.12 | 11.67 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 9931.29 | 9.6 |
| 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 2267.49 | 16.3 |
| 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 5213.34 | 13.9 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | 32851 | 3.76 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | 36.09 | 6.24 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 6629 | 10.02 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | 69200 | 18.74 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | 6058 | 33.40 |
| بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | 11992 | —1.37 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | 646 | 14.74 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | 4380 | 5.59 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 96 مىليون 192 مىڭ يۈەن.

ئاشتى؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 15 مىليون 346 مىڭ 200 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 8 مىليون 530 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، %5 .21 ئاشتى. بىر يىلدا 18 مىڭ 503 توننا سېمونت، 16 مىليون 640 مىڭ دانە خىش، 1709 كۇب مېتىر سېمونت قۇيۇلما، 11 مىڭ 529 توننا ئۇن، 2693 توننا ياغ، 85 توننا ئارىلاشما يەم - بوغۇز، 213 توننا كەسمە چۆپ، 5 .5 توننا ئېغىدرىن 3 .5 توننا چۈچۈكبۇيا كىسلاتاسى ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 31 مىليون 610 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. تاشقى سودا ۋە ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرى 2 بولۇپ، 7 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 57 مىليون 860 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 95 مىليون 810 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 3 مىليون 765 مىڭ يۈەنگە، پروگراممىلىق تېلېفون 3414 توچكىغا، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 34 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە، بازار سودىسىدا پۈتۈشۈلگەن سوما 9 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە، ساياھەتچىلىكتىن قىلىنغان كىرىم 100 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 295 (بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇتقۇچى 89، سىياسىي خىزمەت ئوقۇتقۇچىسى 7). ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پەن تەتقىقات تۈرىدىن 2 سى ئورۇندالدى. ناھىيىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 7 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 2)، ئوقۇغۇچىسى 2411 (مىللىي 506)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 40 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 17)، ئوقۇغۇچىسى 7064 (مىللىي 2981). تۇرلۇك ئوقۇتقۇچى 1271 (بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 930، مىللىي 303). 11 مىليون 360 مىڭ يۈەن مائارىپ خىراجىتى چىقىم قىلىندى. رادىئو، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %87كە يەتتى. ناھىيە بويىچە 48 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى (دوختۇرخانا 8)، 271 سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 123)، 110 كارىۋات بار. ئاپتونوم رايونلۇق چېلىشىش مۇسابىقىسىدە بىر ماھىر 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى ناھىيە بازىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرمۇش خىراجەت كىرىمى 2134 يۈەنگە، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 56 .1144 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 4614 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە سۇغۇرتا كەسپىنىڭ سۇغۇرتىلاش سوممىسى 125 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 1 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە، تۆلەنگەن تۆلەم 1 مىليون 160 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئورنىدىن بىرى قۇرۇلۇپ، پالغۇز، پاشانغان، مېيىپ، كىچىك بالىدىن بولۇپ 87 ئادەم بېقىلدى. 6 مىليون 350 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 38 مىڭ ئادەم - كۈن كۈنى سەرپ قىلىنىپ، 1.76 كىلومېتىر يول، بىر كىلومېتىر پىيادىلەر يولى ياسالدى، 86 كوچا چىرىغى ئورنىتىلدى، 12 مىڭ كۋادرات مېتىر يەرگە گۈل ۋە ئوت - چۆپ تېرىلدى.

لى مىن

# تولى ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

تولى ناھىيىسى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىغا، چۆچەك - دۆربىلجىن ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 516 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 3، يېزا 4، چارۋىچىلىق فېرمىسى 4، دېھقانچىلىق مەيدانى بىر. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۈەنىڭ ناھىيە تەۋەسىدىكى تۈەن - مەيدانلىرىنىڭ نوپۇسى بۇنىڭ سىرتىدا) 79 مىڭ 290 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 58 مىڭ 474)، يېزا نوپۇسى 54 مىڭ 872؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰10.77، ئۆلۈش نىسبىتى ‰3.9، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰6.87. ناھىيە بويىچە 18 مىڭ 10 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 7060 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 3450 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت، 3110 گېكتار يەرگە باشقا زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ ئىچكى قۇرغاقلىق تىپىدىكى چۆللۈك كىلىماتىغا كىرىدۇ.

تولى ناھىيىسى تەۋەسىدىكى يەر ئاستى سۈيىنىڭ زاپىسى 109 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر يۈزىدىكى دەريا - جىلغىلارنىڭ ئېقىن مىقدارى 1.41 مىليون كۇب مېتىرغا، بۇلاق سۈيىنىڭ ئېقىن مىقدارى 53 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 1 مىليون 666 مىڭ 700 گېكتار ئوتلاق، 105 مىڭ 700 گېكتار ئورمان بار. بارلىق تېغىدىكى تەبىئىي ياۋا مېۋىزارلىقنىڭ كۆلىمى 13.300 گېكتار بولۇپ، 60 مىڭ تۈپكە يېقىن مېۋىلىك دەرەخ بار. يىلپىز، ئېيىق، ياۋا ئات، بۇغا، ئارقار، بۆكەن، ئاققۇ، قىزىل لاچىن قاتارلىق ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار. سوغىگۈل، چۈچۈكبۇيا،

بەرمەيدىكى، ھەلق موگۇسى قاتارلىق 20 تۈرگە تەۋە 100 نەچچە خىل ئۆسۈملۈك بايلىقى بار. ئالتۇن، تۆمۈر، مىس، خروم، نېفىت، كۆمۈر قاتارلىق 29 خىل قېزىلما بايلىق، 75 كان نۇقتىسى ئېنىقلاندى. شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ ئالتۇن كېنى — خاتۇ ئالتۇن كېنى ناھىيە تەۋەسىدىكى جايىر تېغىنىڭ شەرقىي ئېتىكىگە جايلاشقان. تيېچاڭگو بازىرى تارباغاتاي ۋىلايىتى بويىچە ئەڭ چوڭ كۆمۈر بازىسى بولۇپ، كۆمۈر زاپىسى 100 مىليون توننىدىن ئاشىدۇ. گرانت تاش زاپىسى 1 مىليارد 500 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. تولى قىزىلى، جۇخۇاگول سېرىقى، سەپكۈن گۈللۈك كۆكتىن ئىبارەت 3 خىل گرانت تاش ئەلا مەھسۇلات بولۇپ، ناھايىتى بازار تاپتى.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ تولى ناھىيىلىك 7 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ليۇ يۇپىڭ.

11 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مۇساتاي زەكەن (قازاق).

ھاكىم: ئاللا بېرگېن قىزات (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 11 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: زاقىپار قۇتباي (قازاق).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 ـ يىلى ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 127 مىليون 522 مىڭ يۈەن (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 88 مىليون 266 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن %7.48 ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۈۋەندىمۇ شۇنداق). 22 مىڭ 384 تونىنا ئاشلىق، 4852 توننا ياغلىق دان ئېلىندى. 354 گېكتار پەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 16 گېكتار پەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى، 170 مىڭ تۈپ مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىلدى، پارچە ـ پۇرات يەرلەرگە 80 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى. ئېتىز ـ ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 16 مىليون 250 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 65.062 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىق ـ ئۆستەڭ ياسالدى، 31 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، 140 سۇ ئىنشائاتى ياسالدى، 3760 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيدى ۋە ياخشىلاندى. 2800 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى، 1830 قوتان ياسالدى ۋە رېمونت قىلىندى، 65 سۇلياۋ يېپىلغان ئىسسىق قوتان ياسالدى، 82 مىڭ 700 توننا ئوت ـ چۆپ، 5500 توننا يەم ـ خەشەك غەملەندى. ناھىيە بويىچە يېزا ـ بازار كارخانىسى 1153، كىرىمى 69 مىليون 330 مىڭ يۈەن.

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 ـ يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
| --- | --- | --- | --- |
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 22343.1 | 7.1 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 7396.3 | 3.6 |
| | 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 5280.8 | 7.9 |
| | 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 9666 | 10.2 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 22384 | —4.35 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 52.14 | 0.98 |
| يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 9772 | 12 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 43566 | 8.59 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 9400 | 8.29 |
| بازار ـ يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 21099 | 34.50 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 956 | 18.61 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 8417 | 38.55 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 ـ يىلىدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 135 مىليون 747 مىڭ يۈەن.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 82 مىليون 351 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 55 مىليون 321 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلىدىكىدىن %12 ئاشتى؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 38 مىليون 46 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %12 ئاشتى. 203 مىڭ توننا كۆمۈر، 579.79 كىلوگرام ئالتۇن، 4300 توننا سېمونت، 2198 كۇب مېتىر سېمونت قۇيۇلما، 8 مىليون دانە خىش، 3200 كۇب مېتىر گرانت تاش ماتېرىيال، 43 مىڭ كۋادرات مېتىر گرانت تاش تاختا، 800 توننا خروم رۇدىسى، 80 مىڭ توننا ھاك تاش، 4000 كۇب مېتىر تاش ماتېرىيال، 7999.39 توننا ئۇن، 400 توننا سۇ يېغى ئىشلەپچىقىرىلدى. 11 مىليون 940 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، سىغىمى 3 مىليون 800 مىڭ كۇب مېتىرلىق مودون ئوبور سۇ ئامبىرى بىلەن 20 مىليون 50 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، سىغىمى 5 مىليون كۇب مېتىرلىق دولاتى سۇ ئامبىرى پۈتتى. ناھىيە بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 38 مىليون 848 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 1080 مېتىر يول ئۆزگەرتىلدى ۋە كېڭەيتىلدى؛ 31 كىلومېتىر يېزا - كەنت يولى ياسالدى؛ خەلق باغچىسى بىلەن قارا باستاۋ مەنزىرىلىك نۇقتىسى دەسلەپكى قەدەمدە پۈتتى؛ 2500 كۋادرات مېتىرلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر تۇرالغۇ بىناسى پۈتتى. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 18 مىليون 501 مىڭ 700 ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 71 مىليون 23 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 4 مىليون 831 مىڭ 800 يۈەنگە، پروگراممىلىق تېلېفون 5024 توچكىغا يەتتى. تاۋارلارنىڭ سېتىلىش سوممىسى 93 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 94 مىليون يۈەنگە يەتتى.

### پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 704 (مىللىي 571). بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 59 (مىللىي 48). ناھىيىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 73 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 65)، ئوقۇغۇچىسى 11 مىڭ 894 (مىللىي 9361)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 7 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 6)، ئوقۇغۇچىسى 4033 (مىللىي 3032)؛ ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى بىر، كۇرسانتى 70 (مىللىي)؛ بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 162 (مىللىي 105). تۈرلۈك ئوقۇتقۇچى 1913 (مىللىي 1598). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 2 مىليون 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 4882.83 كۋادرات مېتىر مەكتەپ ئۆيى سېلىندى. رادىئو، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %90كە يەتتى. ناھىيە بويىچە 11 ناھىيە، يېزىلىق تېببىي داۋالاش ئاپپاراتى، 290 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 169 كارىۋات بار. 21 قېتىم تۈرلۈك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 11 مىڭ 920 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى؛ 16 مەيدان سەنئەت نومۇرى قويۇلدى، تاماشىبىنلار 10 مىڭ 650 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. 5 - ئايدا تارباغاتاي ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئۆسمۈرلەر پۇتبول مۇسابىقىسىدە تولى ناھىيىسى كوللېكتىپ 2 - ۋە «غۇنچە لوڭقىسى» ئۆسمۈرلەر ئۇسسۇل مۇسابىقىسىدە كوللېكتىپ 3 - بولدى. 1999 - يىلى دۆلەت دەرىجىلىك رەسىم سىزىش مۇسابىقىسىدە 17 ئادەم مۇنەۋۋەر مۇكاپاتقا، 2 ئادەم يېڭى شەخس مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە قامشات 99' جۇڭگو - ياپونىيە خەلقئارا ئۆسمۈر بالىلار گۈزەل سەنئەت - ھۆسنخەت - فوتو سۈرەت مۇسابىقىسىدە مۇنەۋۋەر مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

### خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى ناھىيە بازىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرمۇش خىراجىتى كىرىمى 2836.3 يۈەنگە، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1217 يۈەنگە يەتتى. تۈرلۈك مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ سۇغۇرتىلاش سوممىسى 119 مىليون 637 مىڭ يۈەنگە، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 1 مىليون 301 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 625 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى، جىسمانىي سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 864 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 506 مىڭ يۈەن پۇل بېرىلدى. ناھىيە بازىرىدا 80 ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 221 ئائىلە، 1104 نەپەر چارۋىچى يېڭىدىن ئولتۇراقلاشتۇرۇلدى ۋە يېرىم ئولتۇراقلاشتۇرۇلدى. ئاپەتكە ئۇچرىغان ۋە ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار 9205 ئادەم قۇتقۇزۇلدى، 845 مىڭ يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىلدى. مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىنى تۈزەش تۈرىدىن 2 سى ئورۇندالدى، ئۇنىڭغا 214 مىڭ 900 يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

لياڭ شياۋيەن

## ساۋەن ناھىيىسى

### ئاساسىي ئەھۋالى

ساۋەن ناھىيىسى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان، جەنۇب تەرىپى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكى بىلەن، شىمال تەرىپى قۇربان تۇڭغۇت قۇملۇقى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى

185 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 ـ يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 8، يېزا 4، دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە چارۋىچىلىق فېرمىسى 3، شىخەنزە كونا بازار باشقارمىسى بىر. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 195 مىڭ 285 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 58 مىڭ 322)، يېزا نوپۇسى 108 مىڭ 756؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰11.92، ئۆلۈش نىسبىتى ‰2.57، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰9.35. ناھىيە بويىچە 60 مىڭ 314 گېكتار (ئېگىز تېرىلغۇسى 3611 گېكتار) تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 20 مىڭ 30 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇسى 2015 گېكتار)، 33 مىڭ 624 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئېگىز تېرىلغۇسى 1596 گېكتار) تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بولۇشقانلىقى قۇرۇلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

ساۋەن ناھىيىسىدە يەر سۇغىرىلىدىغان چوڭ ـ كىچىك 6 دەريا ـ ئېقىن بار، ئۇلارنىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارى 2 مىليارد 58 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۇ زاپىسى 140 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. ناھىيە بويىچە ئۈنۈملۈك پايدىلانغىلى بولىدىغان ئوتلاق 553 مىڭ 300 گېكتارغا، سۇ مەنبەئەسىنى ساقلايدىغان شەمشاد ئورمىنى 14 مىڭ 300 گېكتارغا، يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %10.2 كە يېتىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدە دۆلەت بويىچە 1 ـ تۈردىكى قوغدىلىدىغان هايۋانلاردىن قارا تۇرنا ۋە يىلپىز، 2 ـ تۈردىكى قوغدىلىدىغان هايۋانلاردىن ئاققۇ، سار، قوڭۇر ئېيىق، بۇغا قاتارلىق 17 خىلى بار. ياۋا ئۆسۈملۈكلەر 400 خىلغا، بۇنىڭ ئىچىدە ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈك 100 نەچچە خىلغا يېتىدۇ. تەخمىنەن 50 خىل قېزىلما بايلىق دەسلەپكى قەدەمدە ئېنىقلاندى، خۇڭگو كۆمۈر كېنىنىڭ كۆمۈر زاپىسى 700 مىليون توننىدىن ئاشىدۇ. ھازىر ناھىيىنىڭ 5 يېرىدە زور نېفىت قاتلىمى ئېنىقلاندى. قىممەتلىك مېتال رۇدىلىرىدىن ئالتۇن بىلەن پلاتىنا بار. زۇمرەت ساۋەن ناھىيىسىنىڭ گۈزەل سەنئەت خام ئەشياسى ھېسابلىنىدۇ. ئىسسىق سۇ ئارىشىڭى، بۇغا مۈڭگۈز قولتۇقى، موڭغۇل ئىبادەتخانىسى، تېرەكساي، شەرقىي چوڭ كۆل قاتارلىق ساياھەت نۇقتىلىرى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ساۋەن ناھىيىلىك 8 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: سۇي جىچىڭ.

12 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ھامۇت ساۋۇت.

ھاكىم: تۇردىقان تۇرسىنبېك (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 11 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: سۇي جىچىڭ (7 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، چېن كېدىڭ (7 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 ـ يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 590 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن %10.31 ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 171 مىڭ 467 توننا ئاشلىق (بۇغداي 60 مىڭ 807 توننا)، 42 مىڭ 340 توننا پاختا، 17 مىڭ 421 توننا ياغلىق دان، 110 مىڭ 963 توننا قىزىلچا، 210 مىڭ 746 توننا كۆكتات ئېلىندى. 1789 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 19 مىڭ 20 توننا گۆش، 15 مىڭ 48 توننا كالا سۈتى، 3662 توننا تۇخۇم، 1307 توننا قوي يۇڭى، 1052 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 131 مىليون 631 مىڭ 980 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 93.85 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىق ـ ئۆستەڭ ياسالدى، 35 قۇدۇق قېزىلدى. 323 تۈرلۈك سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى ياسالدى، چوڭ كەلكۈن بۇزۇۋەتكەن 138 ئىنشائات رېمونت قىلىندى. 3420 گېكتار يەر پۈركۈپ سۇغىرىلىدىغان بولدى. مۇشۇ يىلى پۈتكەن ۋە ئىشلىنىۋاتقان قۇرۇلۇشلاردىن 106 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان يېزا ئېلېكتىر تورىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى 2000 ـ يىلى ئومۇميۈزلۈك ئاخىرلىشىدۇ؛ 79 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، 13 مىڭ 300 گېكتار يەرنى پۈركۈپ سۇغىرىش قۇرۇلۇشىدىن 3400 گېكتارى پۈتتى؛ 14 مىليون 830 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان 2400 گېكتار يەرنى ئېكولوگىيىلىك كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى ئاساسەن پۈتتى. 10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى 52 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان 33 مىڭ 300 گېكتار يەرنى سۇغىرىدىغان ساۋەن ناھىيىلىك ليۇشۇگۇ سۇ ئامبىرى ۋە شاڭخۇدىدىكى چيەنچۈەنخۇ كۆلىنىڭ توغىنى تاقىلىپ سۇ قاچىلاندى. 12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ساۋەن ناھىيىسى ئاپتونوم رايون بويىچە ئېرىق ـ ئۆستەڭلىرى پۈتۈنلەي سۇ سىڭمەسلەشتۈرۈلگەن ناھىيىلەرنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى، ئېتىز ـ ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشلىرى ئاپتونوم رايون بويىچە ئېرىق ـ ئۆستەڭلىرى پۈتۈنلەي سۇ سىڭمەسلەشتۈرۈلگەن ناھىيىلەرنىڭ ئۆلچىمىگە يەتتى. يىل ئاخىرىدىكى يېزا ـ بازار كارخانىسى 4952گە، كىرىمى 867 مىليون يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 765 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن %20.6 ئاشتى؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 238 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %27.8 ئاشتى. 27 مىليون 258 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 840 مىڭ توننا كۆمۈر، 62 مىڭ 712 توننا ئۇن، 29 مىڭ 503 توننا سۇ

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 88618 | 12.5 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 38395 | 12.5 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 26410 | 19.4 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 23813 | 5.6 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 171467 | 8.2 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۇياق) | | 597221 | 10.3 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 88000 | 19.1 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (تۈمەن كىلوۋات) | | 26.7 | 11.3 |
| تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 224 | 8.2 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 39168 | 16.2 |
| بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 103460 | 1.6 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 5523 | 2.4 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 8435 | 5 |

يىغى، 388 توننا ئاق هاراق، 8508 توننا پاختا يىپ، 10 مىليون 83 مىڭ 800 مېتىر پاختا رەخت، 1769 توننا مۇلياۋ بۇيۇم، 44 مىڭ 536 توننا چىگىت، 3803 توننا چىگىت تىۋىتى، A101.25 كىلومېتىر 3 قىرلىق رېزىنكە تاسما، A47.83 ئۆلچەملىك مېتىر رېزىنكە تورۇبا، 198 مىڭ 949 توننا سېمونت، 260 مىڭ توننا هاك تېشى، 87 مىڭ 700 كۋادرات مېتىر پولات ئىشىك - دېرىزە، 33 مىڭ 508 كۇب مېتىر سېمونت قۇيۇلما ئىشلەپچىقىرىلدى. تۇراقلىق مۈلۈككە 420 مىليون 670 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا 179 مىليون 480 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. مۇشۇ يىلى يېڭى قۇرۇلغان، قۇرۇلۇۋاتقان ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن ئاساسلىق قۇرۇلۇشلاردىن 12 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، سۇ بىلەن تەمىنلەش ۋە يۇندا چىقىرىۋېتىش تورۇبا تورىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى، 12 مىليون 240 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، شەھەر مەمۇرىيىتى يول ياساش قۇرۇلۇشى (پۈتۈپ ئىشلىتىلىۋاتىدۇ)، 21 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، ساياھەت رايونىنىڭ ئاساسىي مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇش قۇرۇلۇشى (2000 - يىلى ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلىدۇ)، 210 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىغان «تۈنخې» پەمدۇر قىيامى زاۋۇتىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى (70 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ بولدى) بار. 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ساۋەن ناھىيىسى 16 مىليون يۈەن ساپ مەبلىغى بار ساۋەن ناھىيىلىك ۋۇگۇڭ سېمونت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنى «تۈنخې» گۇرۇھىغا سېتىپ بەردى. سوممىسى 380 مىليون يۈەنلىك 4 تۈرلۈك ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق توختامى ئىمزالاندى، 34 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلۈپ، نەقلەشتى؛ سوممىسى 495 مىليون يۈەنلىك 8 تۈرلۈك ئىچكى سودا توختامى ئىمزالاندى. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 126 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 213 مىليون توننا - كىلومېتىرغا، پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 23 مىليون 715 مىڭ يۈەنگە، تېلېفون كوممۇتاتورىنىڭ سىغىمى 32 مىڭ 144 توچكىغا، بازار سودىسىدا پۈتۈشۈلگەن سومما 146 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇ بىر يىلدا كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچى 20 مىڭ ئادەم (قېتىم)، ساياھەتچىلىكتىن قىلىنغان كىرىم 10 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە، يارىتىلغان تاشقى پېرېۋوت 1 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يەتتى.



8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ساۋەن ناھىيىسى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان قورغاس دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا خەتەرلىك ئەھۋال كۆرۈلدى، ساۋەندە تۇرۇشلۇق مەلۇم قىسىمنىڭ 10 مىڭدىن ئارتۇق كوماندىر، ئەسكىرى ئىككى قىرغاقنىڭ توسمىسى مۇستەھكەملىدى.

ساۋەن ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى فوتوسى

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسىپي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 583 (ئىش ئورنىدىن قالغانلار بۇنىڭ سىرتىدا). باللار باغچىسى 10، باغچىدىكى بالا 3049؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 77، ئوقۇغۇچىسى 20 مىڭ 847 (مىللىي 8093)؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 15، ئوقۇغۇچىسى 9231 (مىللىي 3431)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 2610 (مىللىي 604)؛ ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى بىر، شۇ يىلى تەربىيىلەنگەن ئوقۇتقۇچى 100. مائارىپ ئاساسىي مۇئەسسەسىلىرى قۇرۇلۇشىغا 18 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا يېزا، بازارلىق مەدەنىيەت پونكىتى 14كە، كەنت مەدەنىيەت ئۆيى 241گە يەتتى. تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98كە، رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %96كە يەتتى. 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى يەنسىخەي بازىرى «مەملىكەت بويىچە مەدەنىي كەنت، بازار بەرپا قىلىشتىكى ئىلغار بازار» بولۇپ باھالاندى. 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ساۋەن ناھىيىسى مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى نەمۇنە كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى. ناھىيە بويىچە 31 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 631 كارىۋات، 570 كەسىپي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 247، سېستىرا 214) بار. سەھىيە ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا 7 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 1 - ئايدا ساۋەن ناھىيىلىك جۇڭيى دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ جىمىن خەلقئارا تىببىي ئىلىم ئالتۇن مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 51 - قېتىم تۇرلۇك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە ناھىيىلىك كوماندا بىر ئالتۇن مېدال ئالدى. 3 - ئايدا ساۋەن ناھىيىسىگە ئاپتونوم رايون بويىچە تەنتەربىيىدە ئىلغار ناھىيە دېگەن نام بېرىلدى.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3638 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 16 مىڭ 22 بولۇپ، ئۇلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 6190 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىغىچە 5338 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغانلار كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى، 5703 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى، پېنسىيىگە چىققان 1183 ئادەم پېنسىيە پۇلىنى جەمئىيەت بويىچە بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشقا قاتناشتى. ناھىيە بويىچە 3 ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئاپپاراتى، 563 كارىۋات بار. مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 8 مىليون 118 مىڭ يۈەنگە، جىسمانىي سۇغۇرتىنىڭ سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 12 مىليون 373 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، مۇھىت بۇلغىنىشىنى چەكلىك مۇددەتتە تۈزەش تۈرىدىن 5ى ئورۇندالدى. ئىس - تۈتەك بىلەن مۇھىتنى بۇلغايدىغان 2 كارخانا تاقالدى. 1999 - يىلى ناھىيە بازىرىدا 4500 كۋادرات مېتىرلىق تۇرالغۇ ئۆي، يېزىلاردا 9400 كۋادرات مېتىرلىق تۇرالغۇ ئۆي پۈتتى. 1 - ئايدا ساۋەن ناھىيىسىگە ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەرلەر ئارا «تەگرىتاغ لوڭقىسى»نى تالىشىش مۇسابىقىسىدىكى مۇنەۋۋەر ناھىيە بازىرى، دېگەن نام بېرىلدى.

☆ 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ساۋەن ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ناھىيىلىك كۆمۈر سېتىش شىركىتى بىلەن ناھىيىلىك كۆمۈر كانىنىڭ تۈزۈلمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ساۋەن ناھىيىلىك كۆمۈر سانائىتى شىركىتىنى قۇرۇشنى قارار

قىلدى.

☆ 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 8 - ئاينىڭ باشلىرىغىچە ساۋەن ناھىيىسى تارىختا ئاز كۆرۈلىدىغان چوڭ كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچرىدى، 770 مىليون يۈەنلىك بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان كۆرۈلدى.

☆ 11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى كۆلىمى 0.77 گېكتار كېلىدىغان، 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ كەتكەن، تارباغاتاي ۋىلايىتى بويىچە تۇنجى دەپنە ئىدارىسى ساۋەن ناھىيىسىدە قۇرۇلدى.

☆ 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ليۇماۋۋەن يېزىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ليۇ ماۋۋەن بازىرى قۇرۇلدى.

## ساۋەن ناھىيىسىگە چوڭ كەلكۈن كەلدى

1999 - يىل 7 - ئايدىن كېيىن ساۋەن ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغلىق رايوندا ئۇدا قاتتىق يامغۇر يېغىپ، ماناس دەرياسى بىلەن قورغاس دەرياسىغا ئۇدا بىر ئاي چوڭ كەلكۈن كەلدى. بولۇپمۇ 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىكى قارا يامغۇر پەيدا قىلغان 2 قېتىملىق چوڭ كەلكۈن چوققىسى ھەم ناھىيە تەۋەسىدىكى جىياخېزا سۇ ئامبىرى، مول ھوسۇل سۇ ئامبىرى ۋە ماناس ناھىيىسى قارىمىقىدىكى مۇھاجىرلار سۇ ئامبىرىدىكى سۇ ئېھتىيات سىزىقىدىن ئېشىپ كېتىپ دەھشەتلىك تاشتى ۋە توسمىنى يار ئېلىپ كەتتى، ساۋەن ناھىيىسىدىكى خەيزۇەن سۇ ئامبىرىنىڭ غەربىدىكى قوشۇمچە توغاننى تەبىئىي يار ئېلىپ كەتتى، شىخەن ئۆستىڭىنىڭ نۇرغۇن يېرىنى يار ئېلىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ساۋەن ناھىيىسىنىڭ قاتنىشى بىر مەزگىل پۈتۈنلەي توختاپ قالدى، سۇچىلىق، ئېلېكتر كۈچى، خەت - ئالاقە قۇرۇلۇشلىرى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلدى. ناھىيە بويىچە 12 يېزا - بازار (مەيدان)، 58 مەمۇرىي كەنت ئوخشىمىغان دەرىجىدە كەلكۈننىڭ زەربىسىگە ئۇچرىدى. 8 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىكى تولۇقسىز مەلۇماتقا قارىغاندا، ناھىيە بويىچە ئاپەتكە ئۇچرىغان ئادەم 32 مىڭ 961 گە، ئاپەتتە زىيان تارتقان ئادەم 27 مىڭ 379 غا، كەلكۈن پەيدا قىلغان بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 771 مىليون يۈەنگە يەتتى. 14 مىڭ 73.338 گېكتار يەردىكى دېھقانچىلىق زىرائىتى ئاپەتكە ئۇچرىدى، 25 مىڭ 657 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى.

ئاپەتكە قارشى تۇرۇپ ئۆز - ئۆزىنى قۇتقۇزۇش خىزمىتىدە، ساۋەن ناھىيىسى ئاپەتكە قارشى تۇرۇپ، ئۆز - ئۆزىنى قۇتقۇزۇش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، 8200 نەچچە كىشىلىك جىددىي رېمونت قىلىش زەربىدارلار ئەترىتى تەشكىللىدى. 120 نەچچە ئورگان كادىرىدىن تەشكىللەنگەن 4 ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمەت ئەترىتى ئاپەت ئېغىر بولغان 4 يېزا - بازارغا بېرىپ، ئۆز - ئۆزىنى قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى تەشكىللىدى ۋە قانات يايدۇردى، كەلكۈن بۇزۇۋەتكەن مۇھىم سۇچىلىق، قاتناش، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى، ئالاقە مۇئەسسەسەلىرىنى جىددىي رېمونت قىلدى. ساۋەن ناھىيىسى 120 تېببىي خادىمنى ئاجرىتىپ، 25 داۋالاش ئەترىتى تەشكىللەپ، ئاپەت ئېغىر بولغان 4 يېزا - بازاردىكى ئاپەتكە ئۇچرىغان 54 كەنتكە ئەۋەتىپ، كېسەللىك ۋە يۇقۇمدىن ساقلىنىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى، ئاپەت رايوندا بىر قىسىم دائىم كۆرۈلىدىغان كېسەللەردىن سىرت، ئاپەتتىن كېيىن يۇقۇملۇق كېسەللەر تارقىلىدىغان ئەھۋال كۆرۈلمىدى. 9 - ئايغا قەدەر، ئاپەت رايوندىكى يېزا - كەنت يوللىرى ئاساسەن ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى ئالاقە ئىشلىرىمۇ ئاساسەن ئەسلىگە كەلدى.

ساۋەن ناھىيىسى چوڭ كەلكۈنگە ئۇچرىغان مەزگىلدە ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ غەمخورلۇقى ۋە ياردىمىگە ئېرىشتى. 8 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، مۇئاۋىن شۇجىسى جاڭ ۋېنيۇ ساۋەن ناھىيىسىدىكى ئاپەت ئېغىر بولغان رايونغا بېرىپ، ئاپەت ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە ئاممىدىن ھال سورىدى. 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەد ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جاڭ يۈنچۈەننىڭ ھەمراھلىقىدا مەركەز خىزمەت گۇرۇپپىسىنى باشلاپ ساۋەن ناھىيىسىدىكى ئاپەت رايوننى كۆزدىن كەچۈردى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ سەممىي غەمخورلۇقىنى ئاپەت رايوندىكى خەلق ئاممىسىغا ئېلىپ كەلدى.

ئەن جىنخۋا

# قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىغا، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 495 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 5، چارۋىچىلىق فېرمىسى 4. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 50 مىڭ 942 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 32 مىڭ 290)، يېزا نوپۇسى 28 مىڭ 687؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 12.6‰، ئۆلۈش نىسبىتى 5.93‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 6.67‰، ناھىيە بويىچە 6680 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 5550

گېكتار يەرگە زىرائەت تېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 3630 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 660 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بولۇش ھالىتىدىن قۇرغاقچىلىق قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

قوبۇقسار ناھىيىسىدە ئامىنغول دەرياسى بىلەن قوبۇق دەرياسىدىن ئىبارەت پايدىلىنىشقا بولىدىغان سۇ مەنبەسى بار. تەبىئىي ئوتلاق 1 مىليون 583 مىڭ 400 گېكتارغا، پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئوتلاق 1 مىليون 272 مىڭ 700 گېكتارغا، ئورمانلىق كۆلىمى 142 مىڭ 500 گېكتارغا، بۇنىڭ ئىچىدە شىمالدىكى تاغلىق رايوندىكى سىبىرىيە بال قارىغايلىق 18. 1736 گېكتارغا، غەربىي شىمالدىكى ئامىنغول دەريا ۋادىسىدىكى توغراقلىق 8860 گېكتارغا، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %43. 0كە يېتىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدە كەم ئۇچرايدىغان ئەتىۋارلىق ھايۋانلاردىن قارا تۇلكە ۋە ئاق ئاغمىخان، دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن بۈركۈت، دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن ئاق بوغۇز بۆكەن، ئاق تۆش بۆلغۈن، قار توشقىنى، ئۈلار بار. ناھىيە بويىچە 200 نەچچە خىل دورا ماتېرىيالى بار، بۇنىڭ ئىچىدە چاكاندا، سوغىگۈل، يەرمەدىكى، توشقان زەدىكى، كەتىرا، پەربۇن، تاغ دېنى قاتارلىقلار بىر قەدەر كەڭ تارقالغان. قېزىلما بايلىقلار مول، ئېچىپ پايدىلىنىلىۋاتقانلىرى كۆمۈر، تاشتۇز، بېنتونىت، ھاك تېشى، كۋارتس قۇمى، نېفىت، خروم، تۆمۈر قاتارلىق 8 خىل.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: شيا گۇاڭتەي.

10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: لى ۋېنلوڭ (2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، چ. بادىرىخ (موڭغۇل، 2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ھاكىم: ب. تۇغجىجاب (موڭغۇل).

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئىسلامجان ماشىل (قازاق).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 120 مىليون 455 مىڭ 700 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 61 مىليون 226 مىڭ 500 يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %32. 9 ئاشتى. (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 42 مىليون 24 مىڭ 300 يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا) گە يەتتى. 14 مىڭ 397 توننا ئاشلىق، 1484 توننا ياغلىق دان، 68 توننا پاختا، 122 توننا زاراڭزا ئېلىندى. 117. 96 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى.

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 10880 | 7.04 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1- كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 3335 | 9.3 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 4350 | —7.42 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 3195 | 28.41 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 14397 | 0.57 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 44.25 | 5.03 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 14677 | 16.21 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 14536 | 11.38 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 6364 | 5.96 |
| بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 12647 | 4.31 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 3186 | 34.32 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 7113 | 21.59 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990- يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى.

4700 توننا گۆش، 5597 توننا سۈت، 588 توننا قوي يۇڭى، 16.75 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 170 مىڭ 431 پارچە قوي - كالا تېرىسى ئېلىندى. ناھىيە بويىچە ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 15 مىليون 502 مىڭ 300 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 63.6 كىلومېتىر ھەرخىل ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى. 20 گېكتار بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈلدى. 5490 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى. 3863.6 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى. سۈنئىي ئوت - چۆپ، يەم - خەشەك بازىسى 4093 گېكتارغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن كۆپەيگىنى 1493 گېكتار. 4200 گېكتار ئوتلاق ياخشىلاندى. يېزا - بازار كارخانىلىرى 1851 گە يەتتى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تىجارەتتىكى سېتىش كىرىمى 107 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 11.23% ئاشتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 164 مىليون 240 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 92 مىليون 250 مىڭ يۈەن) بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 5.23% تۆۋەنلىدى؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 58 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 3.82% ئاشتى. 39 مىليون 400 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 859 مىڭ توننا كۆمۈر، 115 مىڭ توننا تۇز، 94 مىڭ 500 توننا سېمونت، 179 مىڭ توننا ھاك تېشى، 2027 توننا ئويغۇچى ناترىي، 2160 توننا تۆمۈر رۇدىسى، 3875 توننا تۇز كىرىستالى، 810 توننا سۈيۇقلاندۇرۇلغان خلور، 1935 توننا سېمونت لاي ئىشلەپچىقىرىلدى. ترانسپورت كەسپىنىڭ كىرىمى 1 مىليون 193 مىڭ يۈەنگە، يولۇچى توشۇش مىقدارى 800 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 7 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە، تېلېفون كوممۇتاتورىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى سىغىمچانلىقى 16 مىڭ 132 توچكىغا، تېلېفون ئورناتقان ئائىلە 5678 گە، سىمسىز چاقىرغۇ ئابونېنتى 788 گە، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 2 مىليون 287 مىڭ يۈەنگە، بازار سودىسىدا پۈتتۈشۈلگەن سومما 16 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە، ساياھەتچىلىك كىرىمى 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 331 (مىللىي 206)، بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇتقۇچى 234 (ئالىي دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 16). ناھىيە بويىچە ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 5 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 3)، ئوقۇغۇچىسى 3446 (مىللىي 2619)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 26 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 17)، ئوقۇغۇچىسى 6624 (مىللىي 4691)؛ ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى بىر، كۇرسانتى 48 (موقىمۇل)؛ بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 505 (مىللىي 289). ناھىيە بويىچە ئوقۇتقۇچى 1581 (مىللىي 1146). 1999 - يىلى «دۆلەتنىڭ نامرات رايونلاردىكى مەجبۇرىيەت مائارىپى قۇرۇلۇشى» تۈرىگە 6 مىليون 412 مىڭ 400 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 83.6% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 90% كە يەتتى. 5 مىليون 428 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 287 كىلومېتىر سىملىق تېلېۋىزىيە ئوپتىك كابېلى كۆمۈلدى. ناھىيە بويىچە 28 ناھىيىلىك، يېزىلىق تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى (دوختۇرخانا 3، شىپاخانا 7)، 344 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 208 كارىۋات بار.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 1588 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 13 مىڭ 185 بولۇپ، ئۇلارنىڭ يىللىق مائاشى 62 مىليون 84 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا كەسپىنىڭ سۇغۇرتىلاش سوممىسى 43 مىليون 805 مىڭ يۈەنگە، مال - مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 1 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە، جىسمانىي سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 1 مىليون 406 مىڭ 700 يۈەنگە يەتتى، مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىدا 571 مىڭ يۈەن، جىسمانىي سۇغۇرتىدا 350 مىڭ يۈەن تۆلەم بېرىلدى. نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىگە 11 مىليون 920 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 20 ئائىلە، 97 ئادەمنىڭ كىيىنىش، تويۇنۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى، 857 ئائىلە، 4361 ئادەمنىڭ كىيىنىش، تويۇنۇش ئەھۋالى مۇستەھكەملەندى.

☆ 6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ناھىيىلىك ئالاھىدە سېمونت زاۋۇتى پاي ھەمكارلىق شىركىتى قۇرۇلدى.

☆ 8 - ئاينىڭ 2 ~ 3 - كۈنلىرى ئاپتونوم ناھىيە تەۋەسىدە تۇيۇقسىز قاتتىق قارا يامغۇر يېغىپ، نەچچە 10 يىلدىن بۇيان ئاز كۆرۈلگەن كەلكۈننى پەيدا قىلدى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 19 مىليون 223 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

☆ 9 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ناھىيىدىكى يېڭى ئۆستەن تۇز كۆلى شىخەنزە، ماناس، ساۋەن تەرەپتىن كەلگەن كەلكۈننىڭ زەربىسىگە ئۇچرىدى. كۆلچەكنى پۈتۈنلەي سۇ بېسىپ كېتىپ 38 مىليون يۈەنلىك بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان بولدى. شازىگەي تۇز كۆلىمۇ ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى.

ئۆرۈمجەن باتىر

# ئالتاي ۋىلايىتى

## ئاساسىي ئەھۋالى

ئالتاي ۋىلايىتى ئالتاي تاغ تىزمىسى ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، ئاپتونوم رايوننىڭ شىمالىغا جايلاشقان، مەمۇرىي مەھكىمە تۇرۇشلۇق ئالتاي شەھىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى «216» لىنىيە بويىچە 666 كىلومېتىر، «217» لىنىيە بويىچە 707 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى ئالتاي ۋىلايىتىگە قاراشلىق ناھىيە 6، شەھەر بىر، يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 592 مىڭ 687 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 334 مىڭ 686)، يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 351 مىڭ 719؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 11.03‰، ئۆلۈش نىسبىتى 3.50‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 7.53‰. ۋىلايەت بويىچە 123 مىڭ 600 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 49 مىڭ 900 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېكىنز ئورنى تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ ئىچىدە)، 57 مىڭ 300 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغ سوغۇق رايوننىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ئالتاي ۋىلايىتى شىنجاڭدىكى سۇيى مول رايونلارنىڭ بىرى، ئالتايدا ئېرتىش دەرياسى، ئۇلۇڭغۇر دەرياسى قاتارلىق چوڭ - كىچىك 56 ئېقىن بار، يىللىق ئومۇمىي ئېقىن مىقدارى 13 مىليارد 370 مىليون كۇب مېتىرغا، سۇ ئېنېرگىيە زاپىسى 3 مىليون 420 مىڭ كىلوۋاتقا يېتىدۇ. ۋىلايەت بويىچە 7 مىليون 239 مىڭ گېكتار پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئوتلاق بار بولۇپ، شىنجاڭ بويىچە ئوتلاق كۆلىمىنىڭ 3.14%نى ئىگىلەيدۇ. 690 مىڭ گېكتار تاغلىق رايون ئورمىنى بار، ئۆسۈۋاتقان دەرەخ زاپىسى 91 مىليون 110 مىڭ كۇب مېتىرغا يېتىدۇ، ئەتىۋارلىق دەرەخلەردىن سىبىرىيە شەمشادى، ئاق قارىغاي، قىزىل قارىغاي بار؛ دەريا جىلغىسىدا 255 مىڭ گېكتار ئورمانلىق بار، ئۆسۈۋاتقان دەرەخ زاپىسى 1 مىليون 120 مىڭ كۇب مېتىرغا يېتىدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە تېرەك ۋە ئاق قېيىن ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. ۋىلايەت تەۋەسىدە 11 چوڭ تۈر بويىچە 84 خىل قېزىلما بايلىق بايقالدى، ئۇنىڭدىن 41 خىلىنىڭ قېزىلما زاپىسى ئېنىقلاندى. داڭلىق ساياھەت مەنزىرىلىك نۇقتىلىرىدىن قاناس كۆلى تەبىئىي مەنزىرىلىك مۇھاپىزەت رايونى، ئۇلۇڭغۇر كۆلى ساھىلى چۆمۈلۈش مەيدانى، قۇم كۆل، ئاۋازلىق قۇم تاغ، شەنىرشەك قەدىمىي قەبرىستانلىقى ۋە ئوتلاقتىكى بالباللار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئالتاي ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ليۇ چۈەنجېن؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: مۇقاتىبەك ئادىلبېك (قازاق)، جاڭ جىشۈن، لياۋ باڭچىڭ، قۇبايدۇللا قۇسايىن (قازاق).

ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئالتاي ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: قاشىرەت نىقىش (قازاق)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: چوكۇرقان مامىرقان (قازاق)، يۈ جياخې.

مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى: مۇقاتىبەك ئادىلبېك (قازاق)؛ مۇئاۋىن ۋالىيلىرى: يۈەن زىمىڭ، لى بىنرۇي، ماۋكېن سىيىتقامزا (قازاق)، ياڭ ۋېيشىڭ، جۇمابەك باتال (قازاق).

ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: قادىر ئاراپات (قازاق)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: تۆلەۋقان زەينۇللا (قازاق، 5 - ئايدا ۋاپات بولدى)، جاڭ دېشېڭ (3 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ئابىقان بۆكەي (قازاق، 3 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى ۋىلايەت بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 411 مىليون 431 مىڭ 600 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 841 مىليون 790 مىڭ 600 يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 8.92% (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ ئوخشاش) ئاشتى. 229 مىڭ 186 توننا ئاشلىق، 25 مىڭ 917 توننا ياغلىق دان، 47 مىڭ 820 توننا قىزىلچا ئېلىندى. 1958 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، پارچە - پۇرات يەرلەرگە 560 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى. 61 مىڭ 41 توننا گۆش، 76 مىڭ 677 توننا سۈت، 4554 توننا قوي يۇڭى، 1 مىليون 506 مىڭ پارچە كالا، قوي تېرىسى ئېلىندى. ۋىلايەت بويىچە ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 74 مىليون 420 مىڭ 900 يۈەن مەبلەغ سېلىندى، جەمئىي ناھىيىسىنىڭ سۇ تېجەش ئۈلگە قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى. 2900 گېكتار بوزيەر ئېچىلدى، ۋىلايەت بويىچە 99 مىڭ گېكتار ئۈنۈملۈك سۇغىرىلىدىغان يەر بار، قاشالانغان ئوتلاق 40 مىڭ گېكتارغا يەتتى، 7333 گېكتار ئوتلاق يېڭىدىن قاشالاندى. يېزا - بازار كارخانىسى 17 مىڭ 701گە، كىرىمى 1 مىليون 768 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 563 مىليون 940 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 1 مىليارد 159 مىليون 870 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1998 -

## خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 ـ يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 287345 | 7.2 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 110298 | 6.6 |
| | 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 85194 | 8.3 |
| | 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 91853 | 6.8 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 229186 | —3.94 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 326.43 | 6.89 |
| يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 126400 | 7.12 |
| دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 238300 | 0.07 |
| تاشقى سودا ئىمپورت ـ ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن دوللار) | | 2907.7 | 172.54 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 94217 | 6.07 |
| بازار ـ يېزىلاردا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 272600 | 13.96 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 11111 | 10.01 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 51669 | 18.81 |

**ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 1 مىليارد 622 مىليون 730 مىڭ يۈەن.**

يىلدىكىدىن %3 ئاشتى؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 544 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %3.2 ئاشتى. بۇ بىر يىلدا 212 مىليون 522 مىڭ 100 كىلوۋات سائەت (بۇنىڭ ئىچىدە سۇ ئېلېكترى 163 مىليون 886 مىڭ 600 كىلوۋات سائەت) توك چىقىرىلدى، 118 مىڭ 100 توننا كۆمۈر قېزىلدى، 15 مىڭ 55 توننا شېكەر، 2436 توننا ئىچىملىك، 192 مىڭ مېتىر نېلون، 7142 توننا فابرىكا قەغىزى، 31.53 توننا خىمىيىۋى خام ئەشيا، 264 مىڭ 700 توننا سېمونت، 363 توننا سۈت مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىلدى. 1999 ـ يىلى يېڭى قۇرۇلغان، قۇرۇلۇۋاتقان، ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن چولڭ تۈرلەردىن ئالتاي شەھەرلىك چىبىيلىڭ سۇ ئامبىرىغا 18 مىليون 630 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ كۆكتوقاي ناھىيىسى شاكۇ سۇ ئامبىرى تۇگۈنى قۇرۇلۇشىغا 33 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ سارتوقاي سۇ باشلاش قۇرۇلۇشىغا 17 مىليون 430 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ يېزا ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىغا 86 مىليون 740 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ بېيتۈن — بۇرۇلتوقاي — قوشتولغاي 110 كىلوۋولتلۇق توك ئۆزۈتۈش سىم يولىغا 69 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ ئالتاي خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ئايرودرومىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىغا 28 مىليون 390 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ ئالتاي — بېيتۈن 2 ـ دەرىجىلىك تاشيولىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىغا 21 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ بۇرچىن ناھىيىسى قاناس ساياھەت مەنزىرىلىك رايونى قۇرۇلۇشىغا 50 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 651 مىليون 970 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ۋىلايەت بويىچە ئىمپورت سوممىسى 24 مىليون 360 مىڭ دوللارغا، ئېكسپورت سوممىسى 4 مىليون 716 مىڭ دوللارغا يەتتى. سودىگەر چاقىرىپ، مەبلەغ كىرگۈزۈشتە 53 تۈردە رەسمىي توختام ئىمزالىنىپ، سوممىسى 212 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئەمەلىي كىرگۈزۈلۈپ نەقلەشكەن مەبلەغ 177 مىليون 160مىڭ يۈەن بولدى. بۇ بىر يىلدا ئورۇندالغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 400 مىليون 439 مىڭ 800 ئادەم ـ كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 509 مىليون 528 مىڭ 500 توننا ـ كىلومېتىرغا، پوچتا ـ تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 74 مىليون 351 مىڭ 700

يۈەنگە، پروگراممىلىق تېلېفون 41 مىڭ 980 توچكىغا، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 160 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە، بازار سودىسىدا پۈتۈشۈلگەن سوممىسى 170 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە، ساياھەتچىلىكتىن قىلىنغان كىرىم 42 مىليون يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ۋىلايەت بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 1066 (بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇتقۇچى 628، سىياسىي خىزمەتچى بۇنىڭ سىرتىدا). بۇ بىر يىلدا چاكاندىنى ھۈجەيرە ئارقىلىق يېتىلدۈرۈش ۋە بۇغداينىڭ يېڭى سورتىنى تاللاشتىن ئىبارەت ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 2 پەن تەتقىقات تۈرى تاماملاندى. تېلېۋىزىيە شۆبە ئۇنىۋېرسىتېتى بىر، ئوقۇغۇچىسى 702؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم 3، ئوقۇغۇچىسى 1312؛ ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى 4، كۇرسانتى 263؛ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 19 (مىللىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 10)، ئوقۇغۇچىسى 6371 (مىللىي 3761)؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 89 (مىللىي تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 53، بۇنىڭ ئىچىدە چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ياتاقلىق مەكتەپ 32)، ئوقۇغۇچىسى 30 مىڭ 144 (مىللىي 20 مىڭ 363، بۇنىڭ ئىچىدە چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ياتاقلىق مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 11 مىڭ 327)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 271 (چارۋىچىلىق رايونىدىكى ياتاقلىق باشلانغۇچ مەكتەپ 18)، ئوقۇغۇچىسى 73 مىڭ 329 (مىللىي 52 مىڭ 918، بۇنىڭ ئىچىدە چارۋىچىلىق رايونىدىكى ياتاقلىق مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 20 مىڭ 548)؛ يېزا ئىگىلىك كەسپىي مەكتىپى 5، ئوقۇغۇچىسى 409 (مىللىي 131)؛ بالىلار باغچىسى 17، باغچىدىكى بالا 6057 (مىللىي 2182). باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 5720 (مىللىي 4036). تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 2308 (مىللىي 1420)، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 580 (مىللىي 352). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 25 مىليون 447 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئو، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95كە يەتتى. 1999 - يىلى يېڭى كۆپەيتىپ قۇرۇلغان مەدەنىيەت مۇئەسسەسەلىرى: ئالتاي شەھەرلىك كۇتۇپخانا، بۇرچىن ناھىيىلىك مەدەنىيەت پائالىيىتى مەركىزى (كۇتۇپخانا، مەدەنىيەت يۇرتى، كىنوخانىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). ۋىلايەت بويىچە 117 دوختۇرخانا ۋە شىپاخانا، 4505 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 2300 كارىۋات بار. 1999 - يىلى ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ تەنھەرىكەتچىسى ئېرزات مەملىكەتلىك 9 - نۆۋەتلىك قىشلىق تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ ئېگىز تاغنى چوڭ ئايلىنىپ چاڭغا تېيىلىش مۇسابىقىسىدە 4 - بولدى، ئېگىز تاغنى ئايلىنىپ چاڭغا تېيىلىشتا 1- بولدى، دۆلڭ جىجۇ مەملىكەت بويىچە سۇپەتلىك سەكرەپ چاڭغا تېيىلىشنىڭ 90 مېتىرلىق K دەرىجىسى بويىچە 5 - بولدى. ئاپتونوم رايوندا ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىلاردا 9 ئالتۇن مېدال، 10 كۈمۈش مېدال، 8 مىس مېدال ئېلىندى، ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆسمۈرلەر «ئا» گۇرۇپپىسىنىڭ 9 تۈردىكى رېكورتى بۇزۇپ تاشلاندى، چوڭلارنىڭ بىر رېكورتى بۇزۇپ تاشلاندى.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2010 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 6607 يۈەنگە يەتتى. بۇ بىر يىلدا ئالتاي ۋىلايىتى بويىچە سۇغۇرتا كەسپىنىڭ سۇغۇرتىلاش سوممىسى 3 مىليارد 841 مىليون يۈەنگە، مال - مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 20 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە، جىسمانىي سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 35 مىليون 65 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەم بېرىلگەن سوممىسى 11 مىليون 340 مىڭ يۈەن، جىسمانىي سۇغۇرتا بويىچە چىقىم قىلىنغان سوممىسى 3 مىليون 539 مىڭ يۈەن بولدى. 1999 - يىلى ياشانغانلار كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتنىشىشقا تېگىشلىك ئىشچى - خىزمەتچى 20 مىڭ 623 ئىدى، ئەمەلىيەتتە 20 مىڭ 396 ئادەم سۇغۇرتىغا قاتناشتى، سۇغۇرتىغا قاتنىشىش نىسبىتى %98 بولدى، يەككە تىجارەتچىلەردىن 432 كىشى ياشانغانلار كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى. ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتنىشىشقا تېگىشلىك ئادەم 34 مىڭ 365 ئىدى، ئەمەلىيەتتە 26 مىڭ 780 ئىشچى - خىزمەتچى سۇغۇرتىغا قاتناشتى، سۇغۇرتىغا قاتنىشىش نىسبىتى %81 بولدى. ئېلىشقا تېگىشلىك ئىشسىزلىق سوممىسى 4 مىليون 600 مىڭ يۈەن ئىدى، ئەمەلىيەتتە يىغىلغىنى 3 مىليون 920 مىڭ يۈەن، يىغىلىش نىسبىتى %89 بولدى. يىل ئاخىرىدا ئامراتلارنى يۆلەش بويىچە 1315 ئائىلىدىكى 6916 كىشىنى قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن قىلىش ۋەزىپىسى ئورۇندالدى. مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىنى قەرەل بەلگىلەپ تۈزەش تۈرلىرىدىن، 3 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان شىنجاڭ ئالتاي خۇرۇمچىلىق گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى ۋە 150 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ۋىلايەتلىك بىيتۇن ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ تۈزەش ۋەزىپىسى ئورۇندالدى. ئىس - تۇزان تىزگىنلەنگەن رايون كۆلىمى 15.2 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى. ۋىلايەت بويىچە كۆكەرتىلگەن كۆلەم 1048 گېكتارغا، كۆكەرتىلگەن رايون 833 گېكتارغا يەتتى؛ باغ - ئورمان كۆلىمى 815

گېكتارغا، باغ ئورمانلاشقان رايون 622 گېكتارغا؛ ئاممىۋى كۆكلەمزارلىق كۆلىمى 172.76 گېكتارغا؛ باغ 14 كە، كۆلىمى 89.1 گېكتارغا؛ كوچىتزارلىق كۆلىمى 69.24 گېكتارغا يەتتى.

☆ تۇنجى نۆۋەتلىك ئالتاي يەرلىك مەھسۇلاتلار يەرمەنكىسى 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 18- كۈنىگىچە ئالتاي شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. 93 كارخانىنىڭ 235 خىل يەرلىك مەھسۇلاتى يەرمەنكىگە قاتناشتۇرۇلدى. يەرمەنكىگە قاتناشتۇرۇلغان ياپما ئورنى 151، پارچە سېتىش سوممىسى 943 مىڭ 300 يۈەن بولدى. 8 تۈردە 6 مىليون 763 مىڭ 200 يۈەنلىك توختام ئىمزالاندى.

☆ تۇنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو شىنجاڭ ئالتاي خەلقئارا قار - مۇز ساياھىتى سەنئەت بايرىمى 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئالتاي شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى، «قار - مۇز بايرىمى» 54 كۈن داۋاملاشتى.

مارات قىنايات

# ئالتاي شەھىرى

## ئاساسىي ئەھۋالى

ئالتاي شەھىرى ئالتا تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، ئېرتىش دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 684 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 9، مەھەللە ئىش باشقارمىسى 3. شەھەر تەۋەسىدىكى رايونلارنىڭ يىل ئاخىرىدىكى نوپۇسى 185 مىڭ 846 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 82 مىڭ 516)، يېزا نوپۇسى 92 مىڭ 853؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 9.37‰، ئۆلۈش نىسبىتى 2.92‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 6.44‰. شەھەر بويىچە 18 مىڭ 180 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 7715 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 4241 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى.

ئالتاي شەھىرى تەۋەسىدە 30 نەچچە خىل قېزىلما بايلىق بار، گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئارقىلىق تۆمۈر، مىس، قوغۇشۇن، سىنك، ئالتۇن (كېپەك ئالتۇن ۋە ئۆيۇل ئالتۇن)، ئاق چىرمتال، كۋارتس قۇمى، ھاك تېشى قاتارلىق 17 خىلنىڭ زاپىسى ئېنىقلاندى، ئالتۇن، ياقۇت ئەۋزەللىككە ئىگە قېزىلما بايلىق ھېسابلىنىدۇ. 12 مىڭ 13.62 گېكتار قومۇشلۇق بولۇپ، ھەر يىلى 140 مىڭ توننا قۇرۇق قومۇش ئېلىنىدۇ. ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن قىيىنزار باغچا، كىچىك شەرقىي جىلغا، 5 بۇلاق، تاشبا كۆلى، ئاۋېيتان كۆلى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئالتاي شەھەرلىك 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لىيۇ شىنمىن.

5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: خوجىكەن سۇلتان (قازاق).

شەھەر باشلىقى: زاكىش قادىرقان (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: بازان ساغاتقان (قازاق).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى شەھەر بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 163 مىليون 200 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 5.1% ئاشتى. 37 مىڭ 10 توننا ئاشلىق، 9363 توننا ياغلىق دان ئېلىندى. شۇ يىلى 475 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 27.33 گېكتار كۆچەت ئۆستۈرۈلدى. ئېتىزلارنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. بۇ بىر يىلدا شەھەرگە قاراشلىق رايونلاردا 12 مىڭ 598 توننا گۆش، 21 مىڭ 533 توننا سۈت، 821 توننا قوي يۇڭى، 34 توننا تۆگە يۇڭى، 319 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. شەھەر تەۋەسىدىكى ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 2 مىليون 750 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 171.8 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسالدى، 210 سۇچىلىق قۇرۇلۇشى ئىشلەندى، 533.33 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى، 266.67 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر ياخشىلاندى. شەھەر تەۋەسىدىكى يېزا - بازار كارخانىسى 4461 گە، كىرىمى 453 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 156 مىليون 143 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا) بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 3.66% تۆۋەنلىدى؛ سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 41 مىليون 627 مىڭ يۈەن بولدى. بۇ بىر يىلدا 159.7 كىلوگرام ئالتۇن، 38 مىڭ 200 توننا سېمونت، 10 مىڭ توننا فابرىكا قەغىزى، 43 مىڭ 900 توننا تۆمۈر رۇدىسى، 66 مىليون 550 مىڭ پارچە خىش، 191 توننا سۈت مەھسۇلاتى ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 90 مىليون 520 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 13 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 20 مىڭ 670 كۋادرات مېتىر كۆلەمدە 5 كورپۇس، 274 يۈرۈش ئۆرزان، ئەپلىك تۇرالغۇ ئۆي سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇتقۇچىلار تۇرالغۇسى 92

### خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 51577 | 7 |
| يۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 16246 | 6.09 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 17203 | 6.39 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 18128 | 8.42 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 37010 | —15.87 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 56 | 4.47 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 24833 | 4.35 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 52991 | —3.19 |
| تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 11.47 | —71.99 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 33060.3 | 2.62 |
| شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (100 مىليون يۈەن) | | 6.14 | 1.1 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 3046 | 1.16 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 10529 | 18.19 |

ئىزاھ: جەدۋەلدىكى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى.

يۇرۇش. 4 مىليون 640 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، باغچا يولى، شىمالىي «ئازادلىق» يولى، «ئىتتىپاق» يولى، جەنۇبىي ئازادلىق يولى قاتارلىق يوللارنى كېڭەيتىش، ئۆزگەرتىش ۋە رېمونت قىلىش، شۈنىڭدەك شەپەق كۆۋرۈك، تاش كۆۋرۈك، جەنۇبىي «ئازادلىق» يوللىرىنى يورۇتۇش قۇرۇلۇشلىرى تاماملاندى. 3 مىليون 340 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ئىسسىتىش تورۋبا تورىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى تاماملاندى ۋە 20 توننىلىق بىر پارقازىنى كۆپەيتىلدى. شەھەر تەۋەسىدە يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 141 مىليون 520 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 36 مىليون 800 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. بازار سودىسىدا پۇتتۇشۇلگەن سوما 66 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1999 - يىلى شەھەر بويىچە دۆلەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردىن كەلگەن ساياھەتچى 70 مىڭ ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 4 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى.

**پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى**

شەھەرگە قاراشلىق ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 25 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 14)، ئوقۇغۇچىسى 7533 (مىللىي 4643)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 634 (مىللىي 368)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 67 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 47)، ئوقۇغۇچىسى 17 مىڭ 11 (مىللىي 10 مىڭ 853)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 1582 (مىللىي 1096)؛ ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى بىر، كۇرسانتى 112 (مىللىي 78)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 14 (مىللىي 11). رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %72.05كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %77.25كە يەتتى. شەھەرگە قاراشلىق 15، تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى 471 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 339)، 223 كارىۋات بار. 1999 - يىلى شەھەرنىڭ تەنھەرىكەتچىلىرى ئاسىيا بوكس مۇسابىقىسىدە بىر ئالتۇن مېدال، مەملىكەتلىك بوكس مۇسابىقىسىدە 75 كىلوگراملىقلار بويىچە بىر ئالتۇن مېدال، ئاپتونوم رايونلۇق بوكس مۇسابىقىسىغا قاتنىشىپ بىر ئالتۇن مېدال، ئاپتونوم رايونلۇق يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسىدە 12 ئالتۇن مېدال، 5 كۈمۈش مېدال ئالدى. ئالتاي ۋىلايەتلىك چېلىشىش مۇسابىقىسىدە ئومۇمىي نومۇر بويىچە كوللېكتىپ 1 - بولدى.

4 ئالتۇن مېدال ئالدى؛ يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسىدە كوللېكتىپ 2 - بولۇپ، 4 ئالتۇن مېدال ئالدى؛ مۇز تېيىلىشتا كوللېكتىپ 3 - بولدى. شەھەر بويىچە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىدىن 17 مىڭ 846 كىشى «دۆلەتلىك تەنتەربىيىدە چېنىقىش ئۆلچىمى»گە يەتتى.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2047 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مائاشى 6554 يۈەنگە يەتتى. بۇ بىر يىلدا 195 ئائىلىدىكى 1035 ئادەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. 2500 ئائىلىدىكى 11 مىڭ ئادەم شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت پۇلىغا ئېرىشتى. بۇ بىر يىلدا 346 مىڭ يۈەن كاپالەت سوممىسى تارقىتىلدى. ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان 400 ئىشچى - خىزمەتچى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى كەسپىي كىرىمى 7 مىليون 466 مىڭ يۈەنگە (بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك سۇغۇرتىسىنىڭ 150 مىڭ يۈەن)، جىسمانىي سۇغۇرتا كىرىمى 12 مىليون 380 مىڭ 400 يۈەنگە يەتتى؛ بۇ بىر يىلدا بېرىلگەن ھەرخىل تۆلەم پۇل 5 مىليون 50 مىڭ يۈەن بولدى. شەھەر بويىچە يېشىللىق بىلەن قاپلانغان كۆلەم 357 گېكتارغا، كۆكەرتىلگەن رايون 248 گېكتارغا، يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 33.1%كە، رايونلاشقان كۆكەرتىلگەن يەر نىسبىتى 31.24%كە يەتتى.

گو سۈگىي

# قابا ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

قابا ناھىيىسى ئالتاي تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 673 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى قابا ناھىيىسىگە قاراشلىق يېزا 6، بازار بىر. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 74 مىڭ 593 (ناھىيە تەۋەسىدە تۇرۇشلۇق 185 - تۇەن - مەيداننىڭ 3088 نوپۇسىنى ئىچىدە)، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 51 مىڭ 57، يېزا نوپۇسى 21 مىڭ 434؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 13.86‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 10.03‰. ناھىيە بويىچە 20 مىڭ 400 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 11 مىڭ 200 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 3500 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق سوغۇق كىلىماتقا كىرىدۇ.

قابا ناھىيىسى تەۋەسىدىكى دەريا - ئېقىنلارنىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارى 10 مىليارد 3 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ، سۇ ئېنېرگىيىسى زاپىسى 535 مىڭ كىلوۋات. دۆلەت مەبلەغ سېلىپ قۇرغان تاغ ئېغىزى ئېلېكتر ئىستانسىسى پۈتكۈل ۋىلايەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈۋاتىدۇ. قابا ناھىيىسى ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق ئورمانچىلىق رايونى ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ بىرسى. ناھىيە بويىچە ئورمانلاردىكى ياغاچ زاپىسى 14 مىليون كۇب مېتىردىن ئاشىدۇ، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 6.8%. ئاساسلىق دەرەخ تۈرلىرىدىن سىبىرىيە شەمشادى، ئاق قارىغاي، سىبىرىيە قىزىل قارىغىيى ۋە ئاق قېيىن قاتارلىقلار بار. ناھىيە تەۋەسىدە دۆلەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ئەتىۋارلىق ھايۋانلاردىن قوڭغۇر ئېيىق، بۇغا، قارا بۆلغۈن، ئىپار چاشقىنى، قانداغاي، قاما قاتارلىقلار بار، ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن قار لەيلىسى، قۇرت ئوت، سوغىسگۈل، قانتېپەر قاتارلىق 200 نەچچە خىلى بار، تەبىئىي بېلىق تۈرلىرىدىن سىبىرىيە ئوستېر بېلىقى، تايمېن بېلىقى، چولڭ ئاق بېلىق قاتارلىق 20 نەچچە خىلى بار. ئاشلى مىس كېنىنىڭ مىس زاپىسى 1 مىليون 80 مىڭ توننا، مىس - سىنك 430 مىڭ توننا، بىرلىكتە يېتىلگەن ئالتۇن 26 توننا ئىكەنلىكى تەكشۈرۈپ ئىسپاتلاندى. قابا ناھىيىسى تەۋەسىدە ئۇزۇنلۇقى 28 كىلومېتىر، كەڭلىكى 1.5 كىلومېتىر كېلىدىغان ئىپتىدائىي ئاق قېيىن ئورمان بەلۋىغى ۋە ئاق قۇم كۆلى، ئاۋازلىق قۇم تاغ، ئاق قابا كەنتى ھازىر داڭلىق ساياھەت ئورنى بولۇپ قالدى.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قابا ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ جىنيۇ.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: نۇغمار سانسىزباي (قازاق).

ھاكىم: مۆۋلېتبېك ئالىسباي (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: قايسا ئورازبېك (قازاق).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 197 مىليون 780 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 147 مىليون 530 مىڭ يۈەن)گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 11.68% (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) ئاشتى. 50 مىڭ 897 توننا ئاشلىق

### خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 25051 | 8.55 |
| يۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 14255 | 6.5 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 4615 | 17.7 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 6181 | 6.7 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 50897 | 1.7 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 43.7 | 6.59 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 13391 | —36.28 |
| دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 35930 | 7.88 |
| تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن دوللار) | | 21 | 22.8 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال تاۋارلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 9008 | 11.97 |
| بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 11703 | 5.53 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 1152 | 2.67 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 5263 | 18.03 |

**ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (185 - تۈەن - مەيدانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 181 مىليون 20 مىڭ يۈەن.**

ئېلىندى؛ 6812 توننا ياغلىق دان ئېلىنىپ، %179 ئاشتى؛ 5000 توننا خۇايۇندۇ پۇرچىقى ئېلىنىپ، %224 ئاشتى. شۇ يىلى 340 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 220 مىڭ تۈپ مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىلدى. 10 مىڭ 300 توننا گۆش، 9100 توننا سۈت، 585 توننا يۇڭ، 13.6 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 238 مىڭ 300 پارچە تېرە ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 15 مىليون 464 مىڭ 300 يۈەن (چىقىرىلغان ئىش كۈنى، ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ شۇنىڭ ئىچىدە) مەبلەغ سېلىنىپ، 158 كىلومېتىر ھەرخىل سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسالدى، 361 كۆۋرۈك، سۇڭگۈچ، توغان ياسالدى، 51.68 كىلومېتىر زەيكەش چېپىلدى، 145 كىلومېتىر ئۆستەڭ رېمونت قىلىندى، 465.5 كىلومېتىر ئۆستەڭنىڭ لېيى تازىلاندى، 1430 گېكتار تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز ئۆزگەرتىلدى. 260 گېكتار بوزيەر ئېچىلدى، شۇ يىلى 670 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر، 300 گېكتار قاشالانغان ئوتلاق كۆپەيتىلدى، سۇلياۋ يېپىلغان 2010 ئىسسىق قوتان ياسالدى، 368 ئائىلىلىك چارۋىچى ئولتۇراقلاشتۇرۇلدى.

1999 - يىلى قابا ناھىيىسىدە 7 تۈرلۈك «كالا تۈرەلمىسىنى كۆچۈرۈشكە ئېتىبار بېرىش سىياسىتى» ئوتتۇرىغا قويۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭ كوئېنلۇن چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى بىلەن «تۈرەلمىنى كۆچۈرۈش تېخنىكىسى بويىچە ھەمكارلىشىش» توختامى ئىمزالاندى، توختامنىڭ قەرەلى 10 يىل بولدى. يىل ئاخىرىغا كەلگەندە، 37 مىڭ 200 تۇياق كالىنىڭ سورتى ئۆزگەرتىلدى ھەم يەرلىك ئۆشتاق بوقىلار پۈتۈنلەي شاللىۋېتىلدى. يېزا - بازار كارخانىسى 3452گە، كىرىمى 268 مىڭ 570 يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 60 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 114 مىليون 180 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 73 مىليون 740 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %0.12 ئاشتى؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 32 مىليون 980 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 26 مىليون 230 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، %4 ئاشتى. 730 مىڭ كىلوۋات سائەت توك تارقىتىلدى، 347.68 كىلوگرام ئالتۇن، 17

مىليون دانە خىش، 9100 توننا سېمونت، 4 مىليون 40 مىڭ توننا ئاق ھاراق، 50 مىڭ 400 قۇر كىيىم، 4200 جۈپ خۇرۇم ئاياغ ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 31 مىليون 20 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ساربۇلاق يېزىلىق يولۇچى توشۇش بېكىتىدە ئىش باشلاندى، ئۇنىڭغا 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، ئىگىلىگەن كۆلىمى 4000 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئالتاي ۋىلايىتى بويىچە يېزا دەرىجىلىك 3 - يولۇچى توشۇش بېكىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى قابا ناھىيىسىدىن تېرەكتى يېزىسىغىچە بولغان ناھىيە - يېزا يولىنىڭ سارتام — تالدى بۆلىكى پۈتتى، ئۇزۇنلۇقى 15 كىلومېتىر، كەڭلىكى 6 مېتىر، ئۇنىڭغا 2 مىليون 250 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان. بۇ بىر يىلدا يولۇچى توشۇش ئوبوروت مىقدارى 27 مىليون 928 مىڭ 400 ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك توشۇش ئوبوروت مىقدارى 12 مىليون 800 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا - تېلېگرافنىڭ كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 3 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە، پروگراممىلىق تېلېفون 3793 توچكىغا، سايامەتچىلىكنىڭ كىرىمى 4 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىمدىن 531ى (ئوقۇتقۇچى، سىياسىي خىزمەتچىلەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) بار. ئوتتۇرا مەكتەپ 18 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 12)، ئوقۇغۇچىسى 4645 (مىللىي 3375)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 33 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 19)، ئوقۇغۇچىسى 10 مىڭ 845 (مىللىي 8139)؛ بالىلار باغچىسى 6. ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 366، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 711، باغچا ئوقۇتقۇچىسى 51. ناھىيە بويىچە «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتى ۋە يۇقىرى ئۆلچەمدە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتى ئاپتونوم رايون ۋە دۆلەتنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى، سارتام يېزىسى ئاپتونوم رايون بويىچە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى، 45% مەكتەپ «گۈلزار» مەكتەپ بولدى. ساربۇلاق يېزىسىغا رادىئو، تېلېۋىزور ئۇلاندى، رادىئو، تېلېۋىزىيە ئۇلانمىغان 8 كەنت تۈگىتىلدى، ناھىيە بويىچە رادىئو، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 90%كە يەتتى. 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى قابا ناھىيىسى جايلىما يېزىسى مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدا نەمۇنىچى كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى. 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى قابا ناھىيىسى ئاپتونوم رايون بويىچە مەنىۋى مەدەنىيلىكتە ئىلغار ناھىيە، دېگەن نامغا ئېرىشتى، جايلىما يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى جالىڭ چېڭگو ئاپتونوم رايوندىكى مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى 100 باشلامچىنىڭ بىرى بولدى، جايلىما يېزىسىنىڭ قارا ئاغاچ كەنتىگە ئاپتونوم رايون بويىچە سەھىيە خىزمىتىدىكى ئۈلگە كۆرسىتىدىغان كەنت دەپ نام بېرىلدى. ناھىيە بويىچە 9 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 393 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 155 كارىۋات بار.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2109 يۈەنگە يەتتى. جىسمانىي سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 2 مىليون 810 مىڭ يۈەن بولدى؛ مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە 50 مىڭ يۈەن، جىسمانىي سۇغۇرتا بويىچە 310 مىڭ يۈەن تۆلەم بېرىلدى. شۇ يىلى 518 ئىشچى - خىزمەتچى ئىش ئورنىدىن قالدى، 384 كىشى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتى، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت سوممىسى، ئىشسىزلىق قۇتقۇزۇش سوممىسى، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت سوممىسى تولۇق تارقىتىلىپ، نەقلەشتۈرۈلدى. شەھەردىكى 731 كىشىگە دۆلەت بەرگەن 206 مىڭ يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى بېرىلدى. 1999 - يىلى ناھىيە بويىچە دېھقان - چارۋىچىلاردىن 83 ئائىلىدىكى 341 كىشى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

☆ 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى قابا ناھىيىسى يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە شاخ - شۇمبىنى سىلوسلاپ چارۋا بېقىشتىكى 5 ئۈلگە ناھىيىنىڭ بىرى قىلىپ بېكىتىلدى.

## تۇركۆل يەم - خەشەك بازىسىنىڭ تۈنجى قارارلىق قۇرۇلۇشى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى

قابا ناھىيىسى تۇركۆل يەم - خەشەك بازىسى قۇرۇلۇشىنىڭ تۈنجى قاتارلىق قۇرۇلۇشى چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ لاياقەتلىك ئۈلگە كۆرسىتىش قۇرۇلۇشى قىلىپ بېكىتىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. بۇ قۇرۇلۇش 1996 - يىلى دۆلەتنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىنى ئېچىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش قۇرۇلۇش تۈرىگە كىرگۈزۈلگەنىدى، 3 يىل قۇرۇلۇش قىلىنىپ، 3466.67 گېكتار كۆلەم ئېچىلىپ، پىلان 105.8% ئورۇندالدى، نەق چوت سېلىنمىسى 3 مىليون 761 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بىر نەسىللىك چارۋا بازىسى قۇرۇلۇپ، 78 تۇياق نەسىللىك بۇقا كىرگۈزۈلدى، 12 مىڭ كۋادرات مېتىر ئىسسىق قوتان

سېلىندى، بىر نەسىللەندۈرۈش پونكىتى، بىر مال دوختۇرخانىسى، 2 پۈتكەللىمە ئوكۇل سېلىش جازىسى قۇرۇلدى، 171 كىلومېتىر ئۈستەڭ چېپىلدى، 650 كۆۋرۈك، سۇغۇچ، توغان قاتارلىق مۇئەسسەسە ياسالدى، 150 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 20 گېكتار ئوت - چۆپ ئۆزۈكچىلىك بازىسى قۇرۇلدى، 2180 گېكتار ئوتلاق ياخشىلاندى. سۇنئىي ئوتلاق 133.33 گېكتارغا، يۈرۈشلەشكەن ئائىلە چارۋىچىلىق فېرمىسى 310 ئائىلىگە يەتتى، تېخنىكا ئومۇملاشتۇرۇش پونكىتىدىن بىرى قۇرۇلدى.

## يېزا ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىش

قابا ناھىيىسىنىڭ 1998 - يىللىق 2 - تۈركۈم 1 - قارارلىق يېزا ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشىنى ئۆزگەرتىش تۈرىدىكى 1999 - يىللىق 1 - قارارلىق يېزا ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى 12 - ئاينىڭ 6 - كۈنى پۈتۈنلەي تاماملاندى. بۇ قۇرۇلۇشقا 27 مىليون 510 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 207 كىلومېتىر 10 كىلوۋولتلىق سىم يولى قۇرۇلدى، 170 كىلومېتىر 10 كىلوۋولتلۇق سىم يولى ئۆزگەرتىلدى، 40 كىلومېتىر 35 كىلوۋولتلىق سىم يولى قۇرۇلدى، 80 كىلومېتىر تۆۋەن بېسىملىق سەپلىمە تور ئۆزگەرتىلدى، 71 كىلومېتىر تۆۋەن بېسىملىق سەپلىمە تور قۇرۇلدى، 35 كىلوۋولتلىق ترانسفورماتور پونكىتىدىن 3ى قۇرۇلدى ھەم ناھىيە بويىچە 131 كەنتنىڭ توك تەمىنلەش سىم يولى يېڭىدىن تارتىلدى ياكى ئۆزگەرتىلدى، شەھەر - يېزىلارنىڭ توك باھاسى ئوخشاش قىلىندى. 1999 - يىلى قابا ناھىيىسى مەملىكەت بويىچە يېزا ئېلېكتر تورى قۇرۇش (ئۆزگەرتىش) نى پۈتكۈزۈپ، تەكشۈرۈپ، ئۆتكۈزۈۋېلىنغان ئۆلچەمگە يەتكەن ناھىيە بولۇپ باھالاندى.

جاڭ چۈەنشيا

# بۇرچىن ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

بۇرچىن ناھىيىسى ئالتاي تاغ تىزمىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 620 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى بۇرچىن ناھىيىسىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 6. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 68 مىڭ 112 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 45 مىڭ 651)، يېزا نوپۇسى 47 مىڭ 267؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰11.33، ئۆلۈش نىسبىتى ‰3.89، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰7.44 بولدى. ناھىيە بويىچە 19 مىڭ 800 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 9313.33 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 1313.33 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى سوغۇق كىلىماتقا كىرىدۇ.

بۇرچىن ناھىيىسى ئاپتونوم رايوننىڭ ياغاچ ماتېرىيال چىقىدىغان مۇھىم جايلىرىنىڭ بىرى، ئورمان كۆلىمى 147 مىڭ 900 گېكتارغا يېتىدۇ، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %14.4. ناھىيە تەۋەسىدە دۆلەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن قوڭۇر ئېيىق، سۇلەيسۇن، قارا بۆلغۈن، يىلپىز، تاغ تېكىسى، ئارقار قاتارلىقلار بار، ئەتىۋارلىق قۇشلاردىن ئاققۇ، ئاق بويۇن بۈركۈت، چار قۇيرۇق چىل قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلاردىن ئاق چىرىستالنىڭ زاپىسى ئەڭ كۆپ، ئۇنىڭدىن قالسا تالك، ھاك تېشى، سېغىز قاتارلىقلار بار. داڭلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن قاناس تەبىئىي مەنزىرىلىك قوغداش رايونى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ بۇرچىن ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋاڭ يۇچېڭ.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: تالاپقان ئەخمەتباي (قازاق).

ھاكىم: جۇماش شاخىدات (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ماخپىر خانچان (قازاق).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 185 مىليون 262 مىڭ 800 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 107 مىليون 64 مىڭ 300 يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %11.43 (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ ئوخشاش) ئاشتى. 36 مىڭ 250 توننا ئاشلىق ئېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە سېرىق ماش 15 مىڭ 70 توننا؛ 3095 توننا ياغلىق دان ئېلىندى. 435.2 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە يېتىشتۈرۈلگەن كۆچەت 297.2 گېكتار، شاخ باستۇرۇپ يېتىشتۈرۈلگىنى 138 گېكتار؛ تۆت ئەتراپىغا 178 مىڭ تۈپ دەرەخ تىكىلدى، 980 مىڭ تۈپ مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىلدى. بۇ بىر يىلدا 8397 توننا گۆش، 189 مىڭ 500 پارچە تېرە، 16 توننا تۆگە يۇڭى، 261 توننا تۇخۇم، 300 كىلوگرام بۇغا مۈڭگۈزى، 16 توننا ھەسەل ئىشلەپچىقىرىلدى، 235 توننا بېلىق تۇتۇلدى. ئېتىز - ئېرىق، ئوتلاق، سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 17 مىليون 450 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 110.5 كىلومېتىر

## خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرى | | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 30837 | 9.5 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى(تۈمەن يۈەن) | 12856.1 | 6.6 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 11010.9 | 8.7 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 6970 | 14.9 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 36250 | 1.07 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 38.95 | 6.22 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 20196 | 33.7 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 34697 | 2.55 |
| تاشقى سودىنىڭ ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن دوللار) | | 12.27 | —20.35 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 12361.3 | 10 |
| بازار - يېزىلاردىكى بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 16465 | 37.28 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 1289 | 13.27 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 5861 | 21.55 |

**ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 184 مىليون 690 مىڭ يۈەن.**

سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسالدى، 284 يۇرۇشلەشكەن قۇرۇلۇش سېلىندى، 293.5 كىلومېتىر سۇغىرىش ئېرىقى ۋە زەيكەش چېپىلدى، تۆگكى ئوت - چۆپ بازىسى 1333.33 گېكتارغا يەتكۈزۈلدى، 80 كىلومېتىر سۇغىرىش ئۆستىڭى، 70 كىلومېتىر زەيكەش چېپىلدى، 66.67 گېكتار يەر رەتلەندى. 714 ئىسسىق قوتان سېلىندى، 824 سىلوس ئورىسى قېزىلدى. 10 - ئايدا ناھىيە بويىچە تۆنجى نۆۋەتلىك چارۋا مۇسابىقىسى غەلىبىلىك ئۆتكۈزۈلدى. ئۈرۈمچى شەھىرىدە تۇنجى چارۋىنى بىۋاستە سېتىش بازىرى قۇرۇپ، شۇ يىلى چارۋىچىلار 62 مىڭ تۇياق چارۋىنى بىۋاستە ساتتى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ كىرىمى 200 مىليون يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 185 مىليون 22 مىڭ 700 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 120 مىليون 158 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 14%.9 ئاشتى؛ سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 54 مىليون 499 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 74%.31 ئاشتى. بۇ بىر يىلدا 36 مىليون 503 مىڭ 500 كىلوۋات سائەت توك تارقىتىلدى، 52 مىليون 910 مىڭ پارچە خىش، 3200 توننا ئۆلچەملىك ئۇن، 450 توننا سۇ يېغى، 1901 توننا ئاق هاراق، 192 مىڭ مېتىر سوكنو، 7445 توننا تالك پاراشوكى، 85 مىڭ توننا سېمونت، 1002 توننا يۇمشاق ئىچىملىك، 19 مىڭ 200 پار خۇرۇم ئاياغ، 1200 توننا كرېمنىيلىق تۆمۈر، 7.5 كىلوگرام ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىلدى، 247 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى تەمىنلەندى. تۇراقلىق مۈلۈككە 95 مىليون 250 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، قۇرۇلۇۋاتقان تۈر 70، يېڭىدىن ئىش باشلىغان تۈر 38، دەسلەپكى قارارلىق تۈر 8، پۈتكەن تۈر 33. قۇرۇلۇۋاتقان قۇرۇلۇشلارنىڭ كۆلىمى 94 مىڭ 490 كۋادرات مېتىر، پۈتكەن قۇرۇلۇشلارنىڭ كۆلىمى 63 مىڭ 380 كۋادرات مېتىر. قاناس مەنزىرىلىك رايونىنى سۇ بىلەن تەمىنلەش، يۈندا چىقىرىش قۇرۇلۇشى، ئاساس مۇئەسسەلەر قۇرۇلۇشى، سىنئىي هەمراھ ئالاقىلىشىش قۇرۇلۇشى ۋە قاناس 250 × 2 كىلوۋاتلىق سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى تاماملاندى. بازارنى سۇ بىلەن تەمىنلەشنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى تاماملاندى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 468 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى

3 مىليون 669 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى پروگراممىلىق تېلېفون 4056 توچكىغا، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 12 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 5 ـ ئايدا بۆرچىن ناھىيىسى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئىسلام كاتتا مېھمانخانىسىدا قاناس ئېكولوگىيىلىك ساياھەتى توغرىسىدا ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئاچتى. 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئالتاي ۋىلايەتلىك تۇنجى نۆۋەتلىك قاناس ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى ساياھەت بايرىمى بۆرچىن ناھىيىسىنىڭ قاناس كۆلى بويىدا ئۆتكۈزۈلدى. شۇ يىلى ئېكسكۇرسىيىگە كەلگەن ساياھەتچى 102 مىڭ ئادەم (قېتىم) غا، ساياھەت كىرىمى 31 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن ـ تېخنىكا خادىمى 494 (بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇتقۇچى 384). ئوتتۇرا مەكتەپ 13 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 7)، ئوقۇتقۇچىسى 359 (مىللىي 219)، ئوقۇغۇچىسى 5123 (مىللىي 3575)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 30 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 18)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 600 (مىللىي 420)، ئوقۇغۇچىسى 8925 (مىللىي 6818). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 5 مىليون 101 مىڭ 200 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 7155.16 كۋادرات مېتىر سىنىپ ـ ياتاق سېلىندى. «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتى ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. ناھىيە، يېزا، كەنتتىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك مەدەنىيەت تورى ئاساسىي جەھەتتىن مۇكەممەللىشىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ مەدەنىيەتتە ئىلغار ناھىيىلەرنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتتى. «ھەممە كەنتلەرگە رادىئو، تېلېۋىزىيە يەتكۈزۈش» قۇرۇلۇشى ئومۇميۈزلۈك باشلىنىپ، رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 100% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 95% كە يەتتى. ناھىيە بويىچە 10 داۋالاش ئاپپاراتى، 255 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 170 كارىۋات بار. 1999 ـ يىلى بۆرچىن ناھىيىسى يەنە ئاپتونوم رايون بويىچە «ئەلا پاكىز ناھىيە بازىرى» دەپ نام ئالدى. شۇ يىلى ئالتاي ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە مۇسابىقىسىنىڭ تېز تېيىلىش تۈرىدە بۆرچىن ناھىيىسىنىڭ كوماندىسى 26 ئالتۇن مېدال، 19 كۈمۈش مېدال، 10 مىس مېدال ئالدى.

### خەلق تۇرمۇشى

1999 ـ يىلى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2088 يۈەنگە، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 6550 يۈەنگە يەتتى. 3.18 كىلومېتىر ناھىيە بازىرى يولى ئۆزگەرتىلدى ۋە يېڭىدىن ياسالدى. 1000 كۇب مېتىرلىق سۇ سوزۇش كۆلچىكىدىن بىرى ياسالدى، 2 ـ دەرىجىلىك يومپاخانا ۋە يورۇشلەشكەن سىستېمىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش ئىشى تاماملاندى. ناھىيە بازىرىدىكى 3 مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش نۇقتىسى كېڭەيتىپ قۇرۇلدى. كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، سۇنى ياخشىلاش 2 ـ قارارلىق قۇرۇلۇشى ئارقىلىق 300 ئادەم ۋە 36 مىڭ تۇياق چارۋىنىڭ پاكىز سۇ ئىچىش مەسىلىسى ھەل قىلىندى. 408 ئائىلىلىك چارۋىچى ئولتۇراقلاشتۇرۇلدى.

☆ 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى بۆرچىن ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى بىلەن يەككە، خۇسۇسىي تىجارەتچىلەر بىرلىكتە 5 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ قۇرغان بۆرچىن ناھىيىلىك سودا شەھەرچىسىدە رەسمىي تىجارەت باشلاندى. ئۇنىڭ كۆلىمى 10 مىڭ كۋادرات مېتىر، 470 يايما ئورنى ۋە ئىشىك ئالدى بوتكىلىرى بار.

☆ 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى شىنجاڭ رەسساملىق ئورنىدىن 1 ـ دەرىجىلىك گۈزەل سەنئەت ئۇستىسى سۇن لىمىڭ ئىجاد قىلغان، قاناس كۆلىنىڭ مەنزىرىسى چۈشۈرۈلگەن سەنئەتلىك گىلەم ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونغا تەقدىم قىلىدىغان سوۋغىسى ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنىڭ خاتىرە بۇيۇمى قىلىندى.

ۋاڭ جىڭجيې

# جېمنەي ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

جېمنەي ناھىيىسى ساۋىر تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، ئېرتىش دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان ئاتىيول مۇساپىسى 628 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 ـ يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 5، بىڭتۈەننىڭ يېزا ئىگىلىك 10 ـ شى 186 ـ تۈەن ـ مەيدانى ناھىيىنىڭ غەربىي تەرىپىگە جايلاشقان. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (186 ـ تۈەن ـ مەيدانىنىڭكىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 35 مىڭ 679 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 22 مىڭ 689)، يېزا نوپۇسى 21 مىڭ 64؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 15.38‰، ئۆلۈش نىسبىتى 6.08‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 9.3‰. ناھىيە بويىچە 13 مىڭ 200 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 3610 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 430 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى

شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقچىلىق تېمپېراتۇرا ئىقلىمىغا كىرىدۇ.

جېمىنەي ناھىيىسىنىڭ چېگرىسىدا دۆلەتنىڭ 1-تۈردىكى چېگرا پورتى — جېمىنەي پورتى بار. ناھىيە بويىچە 619 مىڭ 300 گېكتار ئوتلاق بار، چارۋىنىڭ ئەلا سورتىدىن ئاساسلىقى ئالتاي چوڭ قۇيرۇقلۇق قويى، شىنجاڭ قوڭۇر قويى، ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي، قازاق ئېتى قاتارلىقلار بار. دورىلىق ئوت-چۆپ بايلىقىدىن چۈچۈكبۇيا، سوغىگۈل، توشقان زەدىكى، چاكاندا، زەمبۇرۇغ قاتارلىق 100 خىلغا يېقىن ئۆسۈملۈك بار. قېزىلما بايلىقى 10 تۈر، 28 خىلغا يېتىدۇ، 107 ئورۇندىن چىقىدۇ. ھازىر كۆمۈر، ئالتۇن، تەبىئىي شۈلتا، مەرمەر، سېغىز، شور، گېپىس قاتارلىقلار ئېچىلىپ، پايدىلىنىۋاتىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدە تەبىئىي مەنزىرىلىك جاي، ئاسار ئەتىقە مەنزىرىلىك جايىدىن 10 نەچچىسى بار، بۇنىڭ ئىچىدە توقاي قوراس قىياتاش سۈرەتلىرى، توپتېرەك ساھىلى سالقىن ساياھەت رايونى ۋە مۇزتاۋ مەنزىرىلىك رايونى بىر قەدەر داڭلىق.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ جېمىنەي ناھىيىلىك 8-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: دەي جيەنشىن.

12-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: تۆلەمقان جاپپارباي (قازاق).

ھاكىم: پولات بېكدوللا (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 8-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: مىڭغالى ئۇمار (قازاق).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999-يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 94 مىليون 378 مىڭ 200 يۈەن (1990-يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 49 مىليون 49 مىڭ 400 يۈەن) گە يېتىپ، 1998-يىلدىكىدىن %8.94 (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ ئوخشاش) ئاشتى. 21 مىڭ 60 توننا ئاشلىق، 1124 توننا ياغلىق دان، 141 توننا كۆكتات ئېلىندى. 153 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. 3861 توننا گۆش، 2695 توننا سۈت، 329 توننا يۇڭ، 133 مىڭ 600 پارچە تېرە، 175 توننا تۇخۇم ئېلىندى، 13 توننا بېلىق تۇتۇلدى. ئېتىز-ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 5 مىليون 990 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 30 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ قېزىلدى، 50 سۇچىلىق قۇرۇلۇشى ئىشلەندى، 1133 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر ياخشىلاندى، يىل ئاخىرىدا جېمىنەي ناھىيىسىنىڭ 3 چوڭ پۈركۈپ سۇغىرىش قۇرۇلۇشى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى، ئۇنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 1733.33 گېكتارغا يېتىپ، پىلان 533.33 گېكتار ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى، مۇشۇ يىلدا، ئوخشاش مەزگىلدە 493.3 گېكتارلىق ئەلا سورتلۇق ئورۇق بازىسى (ئەسلىدە 333.33 گېكتار پىلانلانغان) پۈتتى. 13 مىڭ 333.3 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى، چارۋىنىڭ ئەڭ كۆپ بېقىلىش سانى ناھىيە بويىچە 351 مىڭ 200 تۇياققا يېتىپ، 1998-يىلدىكىدىن %4.99 ئاشتى. يۇقىرى ئۆلچەملىك ئۆزگەرتىلگەن قوتاندىن 208 ى، چارۋا يولىدىن 63 كىلومېتىر ياسالدى. 212 ئائىلىلىك چارۋىچى ئولتۇراقلاشتۇرۇلدى ۋە يېرىم ئولتۇراقلاشتۇرۇلدى. يېزا-بازار كارخانىسى 559 غا، كىرىمى 80 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 60 مىليون 49 مىڭ 900 يۈەن (1990-يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 33 مىليون 16 مىڭ 800 يۈەن) گە يېتىپ، 1998-يىلدىكىدىن %9.63 ئاشتى؛ سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 13 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %22 ئاشتى. بۇ بىر يىلدا 14 مىليون 640 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 49 مىڭ 945.6 توننا كۆمۈر (نوخاي كۆمۈر كېنىنىڭ كۆمۈرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 31 مىڭ 34.8 توننا سېمونت، 8 مىليون 900 مىڭ دانە خىش، 480 مىڭ توننا تورۇبا سۇيى، 20 توننا ئاق ھاراق، 3502 توننا ئۇن، 318 توننا سۇ يېغى ئىشلەپچىقىرىلدى. ئۇراقلىق مۈلۈككە 37 مىليون 280 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئىشلىتىلدى. ئىش باشلانغان قۇرۇلۇش 14، پۈتكەن ۋە داۋاملاشتۇرۇپ سېلىنىۋاتقان بىنا 14، ئۇنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 31 مىڭ 105 كۋادرات مېتىر. ناھىيە بازىرىنىڭ 10 مىڭ 830 كۋادرات مېتىر يولى ئاسفالتلاندى ھەم يول چىرىغى يورۇتۇلۇپ مۇئەسسەسەلىرى ياخشىلاندى، 14 تار كوچىغا ئاسفالت ياتقۇزۇلدى، 8000 تۈپ دەرەخ تىكىلىپ، كۆكەرتىلدى، بۇنىڭغا 1 مىليون 640 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي تاغ تۆپىسىدىكى تورۇبا سۇيى قۇرۇلۇشى پۈتۈپ ئىشقا چۈشۈپ، 3000 دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ ئىچىدىغان سۇيى ھەل بولدى. بازار-يېزىلارنىڭ ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ئومۇميۈزلۈك باشلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە بازىرىنىڭ ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىش ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى. بۇ بىر يىلدا تاشيولدا توشۇلغان يۈك مىقدارى 21 مىڭ توننىغا، توشۇلغان يولۇچى 42 مىڭ ئادەم (قېتىم) غا يەتتى، پوچتا-تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 3 مىليون 189 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى پروگراممىلىق تېلېفون 4912 توچكىغا، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 6 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە، بازار سودىسىدا

### خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 20930 | 7.69 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 6823 | 14.9 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 3599 | 7.6 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 10508 | 4 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (تونna) | | 21060 | 9.38 |
| يىل ئاخىرىدىكى قولدا قالغان چارۋا (تۇياق) | | 25.94 | 5.83 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 5007 | 19.21 |
| دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 12494 | 4.64 |
| تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن دوللار) | | 483 | 124 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 4985 | 10.78 |
| بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 8258.2 | 19.37 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 442 | 6.51 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 4617 | 32.98 |

**ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 91 مىليون يۈەن.**

پۈتۈشۈلگەن سومما 6 مىليون 907 مىڭ يۈەنگە، مايامەتچىلىكتىن قىلىنغان كىرىم 1 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم (ئوقۇتقۇچى، سىياسىي خىزمەتچىلەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 2486. ئوتتۇرا مەكتەپ 9 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 7)، ئوقۇغۇچىسى 2702 (مىللىي 1767)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 10 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 6)، ئوقۇغۇچىسى 4613 (مىللىي 3310). خىزمەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 283 (مىللىي 198)، خىزمەتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 498 (مىللىي 384). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 10 مىليون 325 مىڭ 900 يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، شۇ يىلى مائارىپ ئاھالىلەر تۇرالغۇ بىناسى پۈتكۈزۈلدى، كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش بىناسى پۈتكۈزۈلدى. رادىئو، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %90 بولدى، يېڭىدىن قۇرۇلغان ياكى ئۆزگەرتىلگەن يېزا - بازار مەدەنىيەت پونكىتى 3، كەنت مەدەنىيەت ئۆيى 6. ناھىيە بويىچە 9 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 189 سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 146)، 98 كارىۋات بار. 3676 نەپەر ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى «دۆلەتلىك تەنتەربىيىدە چېنىقىش ئۆلچىمى»گە يەتتى. ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى %95 بولدى.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى بازار ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرمۇش خىراجىتى كىرىمى 1722.7 يۈەنگە، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1589 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 5742 يۈەنگە يەتتى. بۇ بىر يىلدا سۇغۇرتا كەسپىنىڭ سۇغۇرتىلاش سوممىسى 95 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە، ئۆمۈر سۇغۇرتىسىنىڭ سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 1 مىليون 543 مىڭ 600 يۈەنگە، مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ تۆلەم پۇلى 450 مىڭ يۈەنگە، جىسمانىي سۇغۇرتىنىڭ تۆلەم پۇلى ۋە چىقىم قىلىنغان سوممىسى 433 مىڭ 100 يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى

دۆلەت كارخانىلىرىدىن ياشانغانلار كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشقا قاتناشقان ئورۇن 17، سۇغۇرتىلانغان ئىشچى - خىزمەتچى 795، يىغىپ تاپشۇرۇلغان پۇل 790 مىڭ يۈەن؛ دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان ئىشچى - خىزمەتچى 296، ئۇلارغا 1 مىليون 370 مىڭ يۈەن دەم ئېلىش، پېنسىيە پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى. كوللېكتىپ كارخانىلاردىن ياشانغانلار كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشقا قاتناشقان ئورۇن 19، سۇغۇرتىلانغان ئىشچى - خىزمەتچى 413، يىغىپ تاپشۇرۇلغان پۇل 600 مىڭ يۈەن؛ دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان ئىشچى - خىزمەتچى 199، ئۇلارغا 990 مىڭ يۈەن دەم ئېلىش، پېنسىيە پۇلى تارقىتىلدى، 7 - ئايدىن باشلاپ، خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى ھەر ئايدا 338 نامرات ئىشچى - خىزمەتچىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 117 يۈەن ئۆلچەمدە ئاساسىي تۇرمۇش كاپالىتى پۇلى تارقىتىپ بەردى، بۇ بىر يىلدا 233 مىڭ 700 يۈەن تارقىتىلدى. 250 ئائىلىدىكى 1350 نامرات ئاھالىنىڭ كىيىم يۆتۈن، قورساق توق بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى، 1069 نەپەر ئىش كۈتۈۋاتقان ياش ۋە ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسى ھەل قىلىندى. يېڭى ئېچىلغان ياشلار چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ كۆلىمى تېخىمۇ كېڭەيتىلدى، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىمى 3000 يۈەندىن ئاشتى. 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق كومىتېتى جىمىنەي ناھىيىسىگە «ئاپتونوم رايون بويىچە پاكىز ناھىيە بازىرى» دەپ نام بەردى.

☆ 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى جىمىنەي ناھىيىسىدىكى تۇنجى خۇسۇسىي مال مەيدانى — ئۇچا چېگرا سودىسى مال مەيدانىدا رەسمىي تىجارەت باشلاندى، ئۇنىڭ كۆلىمى 39 مىڭ كۋادرات مېتىر، سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن.

شۇي جېجۇن

# بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە، ئالتاي ئوتلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 637 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق يېزا 5، بازار بىر. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 57 مىڭ 938 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 28 مىڭ 575)، يېزا نوپۇسى 41 مىڭ 768؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 12.64‰، ئۆلۈش نىسبىتى 4.52‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 8.12‰ بولدى. ناھىيە بويىچە 15 مىڭ 880 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 3620 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 3024.07 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. ئۇزلۇكسىز رايونلارنىڭ كېلىماتى قۇرغاقلىق تېپىدىكى ئوتتۇراھال مۆتىدىل بەلۋاغ كېلىماتىغا كىرىدۇ.

بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىدە مەملىكەتكە مەشھۇر ئالتاي چوڭ قۇيرۇقلۇق قويى (بۇرۇلتوقاي چوڭ قۇيرۇقلۇق قويى) بار. سۇ يۈزى كۆلىمى 100 نەچچە مىڭ گېكتار كېلىدىغان ئۇلۇنگۇر كۆلى بار، ئۇنىڭدىن بايقال لوككا بېلىقى، شەرق ياپىلاق بېلىقى قاتارلىق 20 نەچچە خىل بېلىق چىقىدۇ. كېيەك ئالتۇن، ياقۇت، چىرىستال، كۋارتس، لىتىي رۇدىسى، بېرىللىي رۇدىسى، ئاقسىل توپىسى قاتارلىق قېزىلما بايلىقلىرى مول. ئۇلۇنگۇر كۆلى، ئالتاي تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى كېپىنەك جىلغىسى، ئالاشەن ئارشاڭلىرى داڭلىق ساياھەت نۇقتىلىرى ھېسابلىنىدۇ.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ بۇرۇلتوقاي ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: خۇ جىدۇڭ.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئىسلامقان ئابلاق (قازاق).

ھاكىم: مىزامقان سانىز باي (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: قايسا ئابدۇماجىن (قازاق).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 185 مىليون 784 مىڭ 400 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 114 مىليون 795 مىڭ 600 يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 7.25% (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ ئوخشاش) ئاشتى. 19 مىڭ 42 توننا ئاشلىق، 1672 توننا ياغلىق دان، 25 مىڭ 952 توننا قىزىلچا ئېلىندى. 315.47 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. بۇ بىر يىلدا 7680 توننا گۆش، 4092 توننا سۈت، 701 توننا قوي يۇڭى، 81 توننا تۆگە يۇڭى، 12.55 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 24 مىڭ 473 پارچە ئۆچكە تېرىسى، 116 مىڭ 357 پارچە قوي تېرىسى، 3295 توننا بېلىق ئېلىندى. ناھىيە بويىچە ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 9 مىليون 81 مىڭ 100 يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 126.95 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسالدى، 179.2 كىلومېتىر زەيكەش چېپىلدى، 77.9 كىلومېتىر ئۆستەڭ چېپىلدى، 226

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 20640.39 | 8.54 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 8796.24 | 6.91 |
| | 2 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 4790.33 | —0.35 |
| | 3 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 7053.82 | 17.92 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 19042 | 6.31 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 38.5 | 9 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 35631 | 41.14 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 95876 | 97.68 |
| تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن دوللار) | | 81.54 | 12.62 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 17169.1 | 7.27 |
| بازار - يېزا ئاھالىسىنىڭ بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 15331 | 5.77 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 1362 | 8.96 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 5603 | 14.04 |

ئىزاھ: جەدۋەلدىكى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى.

سۇچىلىق قۇرۇلۇشى قۇرۇلدى، 29 چوڭ ئېغىزلىق قۇدۇق قېزىلدى، 20 چارۋىچىلىق قۇدۇقى قېزىلدى، 170 گېكتار بوزيەر ئېچىلدى. سۇغىرىش كۆلىمى 15 مىڭ 220 گېكتارغا يەتتى، شۇ يىلى 733.33 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى. قاشالانغان ئوتلاق 3666.67 گېكتارغا يېتىپ، شۇ يىلى 133.33 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى، 2333.33 گېكتار ئوتلاق يېڭىدىن ياخشىلاندى، 1000 گېكتار يەرگە ئوت - چۆپ ئۇرۇقى تېرىلدى. يېزا - بازار كارخانىسى 2219 غا، كىرىمى 306 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يېزا - بازار كارخانىسى ئىدارىسىدىكى شى ۋېنشىڭ دېھقانچىلىق مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر يېزا - بازار كارخانا باشقۇرغۇچىسى بولۇپ باھالاندى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 165 مىليون 658 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 121 مىليون 489 مىڭ يۈەن) بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن %26.44 تۆۋەنلىدى. بۇ بىر يىلدا 17 مىليون 340 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 15 مىڭ 55 توننا شېكەر، 33 مىڭ 700 توننا سېمونت، 1300 توننا تۇز، 4090 توننا دانىچە تىرىپ، 38 مىليون 110 مىڭ دانە خىش، 54.77 كىلوگرام ئالتۇن، 1151 توننا ئىسپىرت، 8200 توننا ئۇن، 9076 قۇر كىيىم (بۇنىڭ ئىچىدە خۇرۇم كىيىم 1176 قۇر)، 4093 كۇب مېتىر سۈنئىي تاختاي ئىشلەپچىقىرىلدى. شۇ يىلى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ بىر خىزمەت بىناسى، بىر تۇرالغۇ بىناسى سېلىندى. 10 مىليون 20 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، كۆل بويى چۆمۈلۈش مەيدانى ياسالدى. ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 2040 پارتىسى كۆپەيدى. ناھىيە بازىرىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ئىسسىتىش ئىقتىدارى 15 توننا/سائەتكە يەتتى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 84 مىليون 270 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇ بىر يىلدا توشۇلغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 23 مىليون 370 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 9 مىليون 300 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 489 مىڭ 700 يۈەنگە، تېلېگراف ئالاقە كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 4 مىليون 271

مىڭ 900 يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى پروگراممىلىق تېلېفون 6048 توچكا (يېزا ـ كەنتلەرنىڭمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) غا، بازار سودىسىدا پۇتۇشۇلگەن سومما 25 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 3 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىگە كەلگەن ساياھەتچى 81 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يېتىپ، 24.62% ئاشتى؛ ساياھەت كەسپىنىڭ كىرىمى 11 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 83.33% ئاشتى. بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىنىڭ ساياھەت مېھمانخانىسى 2 يۇلتۇزلۇق مېھمانخانا بولۇپ باھالاندى.

## پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن ـ تېخنىكا خادىمى 415 (ئوقۇتقۇچىلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە). ۋىلايەت دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پەن تەتقىقات تۈرىدىن 22 سى ئورۇندالدى، ئاساسلىق پەن ـ تېخنىكا تۈرلىرى: مىليون تۇياق گۆش قويى بازىسى (ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك)، موكا بېلىقىنى سۈنئىي كۆپەيتىش تۈرى (دېھقانچىلىق مىنىستىرلىكى). يۇپۇرماقتىن بېرىلىدىغان ئوغۇتلۇق قۇۋۋىتى يۇقىرى ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىشتا ئۈلگە كۆرسىتىش (دېھقانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى). مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ 2 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر)، كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر (مىللىي ۋە خەنزۇ بالىلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ)، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 10 (مىللىي تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 4)، مۇكەممەل باشلانغۇچ مەكتەپ 35 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 15)، ئوقۇتۇش نۇقتىسى 37؛ ئوقۇغۇچىسى 11 مىڭ 914 (مىللىي 6369)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 301 (مىللىي 148)، كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 52 (مىللىي 34)، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 706 (مىللىي 411)، مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 5 مىليون 550 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئو، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 87% بولدى. 3 ـ ئايدا، مەملىكەت بويىچە تۇنجى قېتىملىق يېزا ئىگىلىكىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىدە بۇرۇلتوقاي ناھىيىلىك ستاتىستىكا ئىدارىسى مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىكىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئىشخانىسى تەرىپىدىن ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ، جاۋ جىيې، لۇ شياۋچىڭلار ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى. 5 ـ ئايدا بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى جەنئارال يېزىلىق ئىتتىپاق كومىتېتى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە 4 ـ ماي قىزىلبايراقدار ئىتتىپاق كومىتېتى بەرپا قىلغان ئورۇن بولۇپ تەقدىرلەندى. يىل ئاخىرىغىچە يېزا ـ بازار مەدەنىيەت پونكىتى 7، شۇ يىلى قۇرۇلغىنى بىر؛ كەنت، يېزا مەدەنىيەت ئۆيى 64، شۇ يىلى كۆپەيگىنى 8. 9 ـ ئايدا «ج ك پ نىڭ بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىدىكى چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. ناھىيە بويىچە 10 تېببىي داۋالاش ـ سەھىيە ئاپپاراتى (بۇنىڭ 4ى ناھىيە بازىرىدىكى دوختۇرخانا، شىپاخانا، 6 سى يېزا شىپاخانىسى)، 402 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 170 كارىۋات بار. ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى سەھىيە مىنىستىرلىكى، ب د ت بالىلار فوندى جەمئىيىتى، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى تەرىپىدىن «بوۋاقلارنى سۆيۈش دوختۇرخانىسى» بولۇپ باھالاندى. ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە كۆلك فەننىن تىزمۇز تېپىلىش تۈرىدە ئومۇمىي ماھارەت بويىچە 1 ـ بولۇپ، 5 ئالتۇن مېدال ئالدى؛ گۇ مىن 800 مېتىر ۋە 1500 مېتىرغا يۈگۈرۈشتىن ئىبارەت يېنىك ئاتلېتىكا تۈرىدە 2 ئالتۇن مېدال ئالدى ھەم ئاپتونوم رايوننىڭ رېكورتىنى بۇزدى؛ ئورالبېك چېلىشىش تۈرىدە 57 كىلوگراملىقلار بويىچە كۈمۈش مېدال ئالدى. قارامغاي يېزىسى مەملىكەت بويىچە «يۈز مىليون دېھقان بەدەن چېنىقتۇرۇش پائالىيىتى» دىكى ئىلغار يېزا ـ بازار بولۇپ باھالاندى.

## خەلق تۇرمۇشى

يىل ئاخىرىدا بازار ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرمۇش خىراجىتى كىرىمى 6625 يۈەنگە، دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2469.2 يۈەنگە، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1866.15 يۈەنگە يەتتى. بۇ بىر يىلدا سۇغۇرتا كەسپىنىڭ سۇغۇرتىلاش سوممىسى 1 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يەتتى. مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 1 مىليون 321 مىڭ يۈەنگە، جىسمانىي سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 4 مىليون 653 مىڭ 800 يۈەنگە يەتتى؛ مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى تۆلەم پۇلى 700 مىڭ يۈەن، جىسمانىي سۇغۇرتا تۆلەم پۇلى ۋە چىقىم 420 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە ياشانغانلار كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئورۇن 54، بۇنىڭ ئىچىدە، دۆلەت ئورنى 37، كوللېكتىپ ئورۇن 17؛ ياشانغانلار كۈتۈنۈش پۇلىدىن بىر تۇتاش يىغىلغىنى 4 مىليون 320 مىڭ يۈەن، چىقىم قىلىنغان پېنسىيە پۇلى 4 مىليون 990 مىڭ يۈەن. ناھىيە بويىچە باغۋارانلاشتۇرۇلغان كۆلەم 6.5 گېكتارغا، ئىس ـ تۈتەك تىزگىنلەنگەن رايون كۆلىمى 6 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى.

☆ 10 ـ ئاينىڭ 27 — 28 ـ كۈنلىرى بۇرۇلتوقاي

ناھىيىسىنىڭ يېڭى قۇرۇلغان شىيغانجىدە يېزىلىق چارۋا نەسىللەندۈرۈش مەيدانىدا تۇنجى نۆۋەتلىك «قوشقار بايرىمى» ئۆتكۈزۈلدى. ئېچىلىش مۇراسىمىدىن كېيىن، نەق مەيداندا چارۋا، يېزا ئىگىلىك - قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتلىرى، مىللىي قول ھۈنەر، كەشتىچىلىك مەھسۇلاتلىرى يەرمەنكىسى ئۆتكۈزۈلدى.

شۈي جيەن

# كۆكتوقاي ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

كۆكتوقاي ناھىيىسى ئالتاي تېغىنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 480 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 6. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 82 مىڭ 98 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 61 مىڭ 104)، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا نوپۇسى 53 مىڭ 585؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰10. 14، ئۆلۈش نىسبىتى ‰57. 3، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰53. 10. ناھىيە بويىچە 15 مىڭ 230 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 8270 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 590 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى قۇرغۇقلۇق تىپىدىكى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ سوغۇق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

كۆكتوقاي ناھىيە تەۋەسىدە ئاساسلىق دەريا - ئېقىندىن ئېرتىش دەرياسى بىلەن ئۇلۇڭغۇر دەرياسى بار. يىللىق ئېقىن مىقدارى 4 مىليارد 350 مىليون كۇب مېتىرغا، سۇ ئېنېرگىيىسى بايلىقى 938 مىڭ كىلوۋاتقا؛ يەر ئاستى سۈيىنىڭ يىللىق ھەرىكەتچان زاپىسى 4 مىليون كۇب مېتىرغا، ئورمان كۆلىمى 103 مىڭ 700 گېكتارغا، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %07. 3كە يېتىدۇ. ئاساسلىق دەرەخ تۈرلىرىدىن شىنجاڭ بال قارىغىيى، شىنجاڭ شەمشادى، ئاق قېيىن قاتارلىقلار بار. پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئوتلاق كۆلىمى 4 مىليون 799 مىڭ گېكتارغا يېتىدۇ، دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن موڭغۇلىيە ياۋا ئېتى، موڭغۇل - شىنجاڭ قۇلانى، قاڭشارلىق بۆكەن؛ 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن ئارقار، جەرەن قاتارلىقلار بار. دورىلىق ياۋا ئۆسۈملۈكلەردىن قار لەيلىسى، قان تېپەر، چۈچۈكبۇيا، گۈلساساق، قۇرت ئوت، ھەمدە قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلاردىن ئالتۇن، ياقۇت، خرۇستال، مىس، نىكېل، چىرىمتال قاتارلىقلار بار. ساياھەت

مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن قارا مەيلى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، تېرەكساي يەر تەۋرەش ئۈزۈلمە بەلۋېغى — «رەڭدار شەھەر» قاتارلىقلار بار. كۆكتوقاي ناھىيىسىدە ئاچا تۇۋاقلىق دېنوزاۋۇر «قارامايلى دېنوزاۋۇرى»نىڭ تاشقاتمىسى تۇنجى قېتىم بايقالدى.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ كۆكتوقاي ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاۋ گومىڭ.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: دائىستان تاتاي (قازاق).

ھاكىم: مانىڭ زەينىل (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: كورتباي ماناك (قازاق).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 263 مىليون 364 مىڭ 500 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 144 مىليون 819 مىڭ 200 يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %84. 8 (ئۆزگەرمەس باھا، تۈۋەندىمۇ شۇنداق) ئاشتى. 35 مىڭ 522 توننا ئاشلىق، 1011 توننا ياغلىق دان ئېلىندى. 163 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. بۇ بىر يىلدا بېقىلغان چارۋىنىڭ ئەڭ كۆپ بولغان سانى 1 مىليون 3800 تۇياق، قولدىن چىقىرىلىش نىسبىتى %57. 03، ئاۋارلىشىش نىسبىتى %41.45 بولدى. 10 مىڭ 850 توننا گۆش، 17 مىڭ 215 توننا سۈت، 80. 20 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 75 توننا تۆگە يۇڭى، 316 مىڭ پارچە قوي تېرىسى، 19 مىڭ 900 پارچە كالا تېرىسى ئېلىندى، 30 توننا بېلىق تۇتۇلدى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 14 مىليون 930 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 5. 46 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسالدى. 15 مىڭ گېكتار ئوتلاق يېڭىدىن ئېچىلدى، 1200 ئىسسىق قوتان ياسالدى، چارۋىچى ياتىدىغان 500 ئۆي سېلىندى. شۇ يىلى 500 ئائىلىلىك چارۋىچى ئولتۇراقلاشتۇرۇلدى. ناھىيە بويىچە يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ كىرىمى 285 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 243 مىليون 260 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 221 مىليون 165 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %02. 22 ئاشتى. 12 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ناھىيىدىكى 81 كارخانىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى تاماملىنىپ، %100 ئورۇندالدى. بۇ بىر يىلدا 22 مىليون 722 مىڭ 600 كىلوۋات سائەت توك

### خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 27666.42 | 7.77 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 11018.72 | 5.30 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 11135.08 | 11.83 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 5512.62 | 5.01 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 35522 | 0.43 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۇياق) | | 68.2 | 9.12 |
| يېزا - بازاركارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 28594 | 21.01 |
| دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 29952 | 0.53 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال تاۋارلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 10834 | 7.92 |
| بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 18899 | |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 2005 | 14.44 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 5522 | 8.57 |

**ئىزاھ: جەدۋەلدىكى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى. بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقىدىن كۆكتوقاينىڭكىنى چىقىرىۋېتىپ، مىس - ئالتۇن كېنىنىڭ ھېسابىغا قوشۇۋەتكەندىن كېيىن، ئەمەلىيەتتە، 4 مىليون 340 مىڭ يۈەن ئاشتى.**

تارقىتىلدى، 58 مىڭ 200 توننا سېمونت، 177 مىڭ 900 توننا تۆمۈر رۇدىسى، 1935 قۇر خۇرۇم كىيىم، 2200 توننا ئۇن ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 83 مىليون 830 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. كۆكتوقاي — چىڭگىل 110 كىلوۋولتلۇق توك ئۆزۈتۈش لىنىيىسى پۈتتى، ئۇزۇنلۇقى 86 كىلومېتىر كېلىدۇ. يىل ئاخىرىغىچە مۇڭكو تۆمۈر كېنىدا 107 مىڭ توننا رۇدا قېزىلدى. كۆكتال قوغۇشۇن - سىنك كانى 2 مىليون يۈەنلىك توختام تۈزگەندى، ئەمەلىيەتتە 4 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، مەبلەغ سالغۇچى تەرەپ 1999 - يىلى 10 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىشنى قارار قىلدى، شۇ يىلى 110 مىڭ توننا كان مەھسۇلاتى ئېلىنىپ، 21 مىليون 450 مىڭ يۈەن مەھسۇلات قىممىتى يارىتىلدى. 8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇشى بولغان بوغاز سۇ ئامبىرىنىڭ چوڭ توسمىسىدا ئېقىن توسالدى. بۇ بىر يىلدا 12 ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرىدە كېلىشىم ئىمزالاندى، ئۇلارغا 48 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 31 مىليون 400 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك توشۇش مىقدارى 127 مىڭ تونىنغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 5 مىليون 116 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى پروگراممىلىق تېلېفوننىڭ ئەمەلىي كوممۇتاتور سىغىمى 50 مىڭ 577 توچكىغا يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 559. 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى كۆكتوقاي ناھىيىسى ئاپتونوم رايون بويىچە پەن - تېخنىكا، مائارىپ ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشتىكى ئىلغار ناھىيە دېگەن نامغا ئېرىشتى. ناھىيە بويىچە سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ 777 گېكتار يەرگە كۆممىقوناق تېرىلىپ، 8403 توننا ھوسۇل ئېلىندى. ناھىيىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 39 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 30)، ئوقۇغۇچىسى 12 مىڭ 147 (مىللىي 9951)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 13 (مىللىي ئوتتۇرا



سۇنئىي يېتىشتۈرۈلگەن ھاڭ موگۇسى

سۈرەتنى تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى تەمىنلىگەن

مەكتەپ 7)، ئوقۇغۇچىسى 4102 (مىللىي 2805)؛ باللار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 560 (مىللىي 250)؛ ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى بىر. كۇرسانتى 42. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 1038، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 414. باغچا ئوقۇتقۇچىسى 40. ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونى كۆكتوقاي ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپكە 100 مىڭ يۈەنلىك كومپيۇتېر ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرىنى ئىئانە قىلدى. يىل ئاخىرىدا تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %92كە، رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %87كە يەتتى. ناھىيە بويىچە 12 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 279 سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 207)، 164 كارىۋات بار. ناھىيە بويىچە ناھىيە دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا كەسپىي ئىلمىي جەمئىيىتى 7 (چارۋىچىلىق، ھاۋارايى، فوتو سۈرەت، تەرجىمە، ئېلېكترون، يېزا ئىگىلىك قاتارلىق)، يېزا - بازار دەرىجىلىك دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق كەسپىي تېخنىكا تەتقىقات جەمئىيىتى 12. 1999 - يىلى ئالتاي ۋىلايىتىدە ئۆتكۈزۈلگەن چېلىشىش مۇسابىقىسىدە كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ تەنھەرىكەتچىلىرى كوللېكتىپ 3 - بولدى، بىر ئالتۇن مېدال، 3 كۈمۈش مېدال، 4 مىس مېدال ئالدى.

### خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 2058 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 5943 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە سۇغۇرتا كەسپىنىڭ سۇغۇرتىلاش سوممىسى 84 مىليون 617 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مال - مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 1 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە، جىسمانىي سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 3 مىليون 540 مىڭ 180 يۈەنگە يەتتى؛ مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ تۆلەم پۇلى 779 مىڭ يۈەن، جىسمانىي سۇغۇرتىنىڭ تۆلەم سوممىسى 152 مىڭ 800 يۈەن بولدى. ناھىيە بويىچە ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئىجتىمائىي سۇغۇرتىسىغا 2914 كىشى قاتناشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 181 ئائىلىدىكى 888 ئادەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. 19 كورپۇس، 32 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق ئاھالىلەر تۇرالغۇ بىناسى سېلىندى. ناھىيە بازىرىغا 326 مېتىر غول يولدا تۇرۇبىسى، 1370 مېتىر تارماق يولدا تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلدى. ناھىيە بويىچە باغۋارانلاشتۇرۇلغان كۆلەم 98 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، ناھىيە بازىرىنىڭ كۆكەرتىلىش نىسبىتى %23كە يەتتى.

تۇقان سېيىتباتال

## چىڭگىل ناھىيىسى

### ئاساسىي ئەھۋالى

چىڭگىل ناھىيىسى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي شىمالىي چېتىگە، ئالتاي تېغىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 530 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق يېزا 5، بازار 2. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 53 مىڭ 690 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 43 مىڭ 309)، يېزا نوپۇسى 41 مىڭ 358؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰24.16، ئۆلۈش نىسبىتى ‰17.4، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰07.12. ناھىيە بويىچە 33.9933 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 67.4546 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى 67.1566 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى سوغۇق قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي ئورمانلىق كۆلىمى 39 مىڭ 674 گېكتارغا يېتىدۇ. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن قۇندۇز دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋان ھېسابلىنىدۇ، ئۇ پەقەت چىڭگىل ناھىيىسىدىنلا چىقىدۇ. بەيتىك تېغى ئەتراپىدا تۇياقلىق ھايۋانلار تەبىئىي مۇھاپىزەت

رايونى بار. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن 100 نەچچە خىلى بولۇپ، ئاساسلىقى زەمبۇرۇغ، چاكاندا، قار لەيلىسى، كۆلساساق، ھەڭ قاتارلىقلار. قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىق كۆمۈر، چىرىمتال، كېھەك ئالتۇن، ياقۇت، ھاك تېشى، مەرمەر، گرانىت تاش، سېرپېنتىن قاتارلىقلار بار. بۇنىڭ ئىچىدە سېرپېنتىن رۇدىسىنىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان زاپىسى شىنجاڭ بويىچە ئەڭ كۆپ. مەنزىرىلىك ساياھەت نۇقتىلىرىدىن سەندوخەيزى قەدىمىي قەبرىستانلىقى، ئەرتەي يەرتەۋرەش ئىززىلمە بەلۋىغى، سېغىزلىق ساھىل سىلكاتلانغان تاشقاتما ئورمانلىقى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ چىڭگىل ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ يۈن.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئوڭغاربەك قاشلەن (قازاق).

ھاكىم: پاتىقان مالىكجىدار (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: قۇرمانبەك نايمانبەك (قازاق).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 132 مىليون 708 مىڭ 700 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 82 مىليون 800 مىڭ 600 يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %06 .14 ئاشتى. 22 مىڭ 239 توننا ئاشلىق، 1245 توننا ياغلىق دان ئېلىندى. شۇ يىلى 138 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى، 67 .156 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. 5610 توننا گۆش، 4080 توننا سۈت، 417 توننا يۇڭ، 43 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 186 مىڭ 300 پارچە تېرە ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 17 مىليون 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 67 .1666 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى، 8 چوڭ ئېلېكترلەشكەن سۇغىرىش پونكىتى ۋە 8 پارچە تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىزنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى تاماملاندى، 900 گېكتار پۈركۈپ سۇغىرىلىدىغان يەر كېڭەيتىلدى. ناھىيە بويىچە 3 .6533 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى، 3400 گېكتار يەم - خەشەك يېرى كۆپەيتىلدى. 1625 سۇلياۋ

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 21594.28 | 7.3 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 11043.87 | 5.02 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 3470.82 | 5.61 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 7079.59 | 11.96 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | 22239 | 20.58— |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | 40.86 | 6.13 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 10071 | 1.32— |
| دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | 23998 | 4.43 |
| تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن دوللار) | 169.3 | 134.78 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال تاۋارلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | 6800 | 0.27 |
| بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | 7280 | 5.2— |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | 514 | 3 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | 4781 | 14.73 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 120 مىليون 730 مىڭ يۈەن.

يېپىلغان ئىسسىق قوتان ئۆزگەرتىلدى، 615 يۇقىرى ئۈلچەملىك، چىداملىق ئىسسىق قوتان ياسالدى، 1080 كالىغا تۈرلەمە كۆچۈرۈلدى، 650 ئائىلىلىك چارۋىچى ئولتۇراقلاشتۇرۇلدى. يېزا - بازار كارخانىسى 1688گە، كىرىمى 104 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 52 مىليون 120 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 33 مىليون 690 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %96.8 ئاشتى؛ يېزىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 11 مىليون 122 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %69.2 ئاشتى. بۇ بىر يىلدا 8 مىليون 178 مىڭ 600 كىلوۋات سائەت توك، 19 مىڭ 100 توننا كۆمۈر، 8500 توننا سېمونت، 7300 توننا كوكس، 7900 توننا ئۇن، 25 كىلوگرام ئالتۇن، 6 مىليون پارچە خىش، 1012 قۇر خورۇم كىيىم ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 66 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. تاشقى سودا ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىقتا دائىر 7 تۈر تاماملاندى، ئۇلارغا 34 مىليون 360 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. كۆكتوقايدىن چىڭگىلغىچە 110 كىلوۋولتلىق توك ئۆزىتىش، بېسىم ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى پۈتتى. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 16 مىليون 186 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 13 مىليون 662 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى پروگراممىلىق تېلېفون 2720 تۇچكىغا يەتتى. ئاغاشئوبا يېزىسىغا پروگراممىلىق تېلېفون ئۇلىنىپ ئىشقا چۈشتى. بازار سودىسىدا پۇتتۇشۇلگەن سومما 14 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە، ساياھەتچىلىك كەسپىنىڭ كىرىمى 1 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 329 (مىللىي 257). بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 127 (مىللىي 57)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 24 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 15)، ئوقۇغۇچىسى 9368 (مىللىي 8093)، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 607 (مىللىي 485)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 14 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 10)، ئوقۇغۇچىسى 4226 (مىللىي 3223)، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 329 (مىللىي 239). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 2 مىليون 586 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 2 - نۆۋەتلىك جۇڭگو — سىنگاپور ئۆسمۈر بالىلار گۈزەل سەنئەت مۇسابىقىسىدە ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن 22 ئوقۇغۇچى مۇكاپاتلاندى، گۈزەل سەنئەت ئوقۇتقۇچىسى جالڭ يۇلڭ مۇنەۋۋەر يېتەكچى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %75كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %80كە يەتتى. 6 - ئايدا «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ چىڭگىل ناھىيىسى تارىخىدىكى چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. ناھىيە بويىچە 21 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى (دوختۇرخانا 8، شىپاخانا 7)، 226 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 180)، 145 كارىۋات بار. 6 - ئايدا تۇنجى چارۋا دوختۇرخانىسى يازلىق ئوتلاقتىكى دۆڭتىسدە قۇرۇلدى ھەم ئىشقا چۈشتى. 11 - ئايدا تۇنجى تۈركۆمدە 53 نەپەر يېزا، كەنت دوختۇرى تەكلىپ بويىچە ئىش ئورنىغا چىقتى. شۇ يىلى ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت يېتەكچىلىك پونكىتى ئاپتونوم رايون بويىچە 1 - دەرىجىلىك پونكىت بولۇپ باھالاندى. چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ تەنھەرىكەتچىسى خۇ ۋەن ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە ئەرلەرنىڭ 10 مىڭ مېتىرغا يۈگۈرۈشى بويىچە 2 - بولدى ھەم شۇ تۈردە ئاپتونوم رايوننىڭ رېكورتىنى بۇزدى.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى ناھىيە بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1764 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 3249 بولۇپ، ئۇلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 5440 يۈەنگە يەتتى. تۇرلۇك مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ سۇغۇرتىلاش سوممىسى 24 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە، تۆلەم پۇلى 640 مىڭ يۈەنگە؛ ئۆمۈر سۇغۇرتىسىنىڭ سۇغۇرتىلاش سوممىسى 140 مىليون يۈەنگە، تۆلەم پۇلى 187 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 26 مىڭ 230 ئادەم (قېتىم) دۆلەتنىڭ قۇتقۇزۇشىغا ئېرىشتى، ئۇلارغا 1 مىليون 445 مىڭ 800 يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىلدى. 497 ئائىلىدىكى 2470 كىشى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. شۇ يىلى 20 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق ئاھالىلەر تۇرالغۇسى سېلىندى، 19 مىڭ 200 كۋادرات مېتىرلىق دېموكراتىيە يولى ياسالدى، 1200 كۋادرات مېتىرلىق ئىتتىپاق يولى رېمونت قىلىندى. 136 كوچا چىرىغى ئالماشتۇرۇلدى، 2 ئاممىۋى ھاجەتخانا سېلىندى. تۇرۇبا سۈيىنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشىدا 11 قۇدۇق قېزىلدى، 1000 كۇب مېتىرلىق

# قاناتلىنىپ پەرۋاز قىلىپ، غەربىي شىمال چېگرىدا ئۇلۇغۋار پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرىمىز

ج ك پ چىڭگىل ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى جاڭ يۇن
چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى پاتىقان مالىكجىدار





چىڭگىل ناھىيىسىدە دەريا ـ جىلغىلار، ئېدىرلار، تاغلىق يەرلەر گىرەلىشىپ كەتكەن، يېرى مۇنبەت، بايلىقى مول، غايەت زور تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچىگە ئىگە چىڭگىل ناھىيىسى شىنجاڭدىكى بىر قەدەر چوڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ناھىيىلىرىنىڭ بىرى. چىڭگىل ناھىيىسى مول سۇ بايلىقى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئۆزگىچە ئەۋزەللىككە، مول قېزىلما بايلىقى، ئۆزگىچە ساياھەت ئەۋزەللىكى ۋە ئەۋزەل جۇغراپىيىلىك

ئېگىز بىر سۇ كۆلچىكى ياسالدى، 30 قۇدۇقنىڭ كىلاپانى ئۆزگەرتىلدى، قۇدۇق تەكشۈرۈلدى، 9.4 كىلومېتىر سۇ يەتكۈزۈش تورۇبىسى ياتقۇزۇلدى.

## «چىڭگىل» يۇرۇشلۇك يېشىل يېمەكلىكى

1999 ـ يىل 1 ـ ئايدا چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ ئالاھىدە 1 ـ دەرىجىلىك ئۈنى، يازغى بۇغدىيى، كالا، قوي گۆشى دۆلەتلىك «ئا» دەرىجىلىك يېشىل يېمەكلىك گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشتى.

ناھىيىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت سېلىنمىنى كۆپەيتىپ، ئەۋزەللىككە ئىگە مەھسۇلاتقا مەدەت بەردى. 5 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنىپ بىر يۈرۈش ئىلغار قاسساپلىق پىششىقلاش ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى كىرگۈزۈلۈپ، قوۋۇرغا، قىيما قانارلىق 4 يۈرۈش 24 خىل سىپتا قاچىلانغان مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىلىشقا باشلىدى. 1 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنىپ، 1000 كۋادرات مېتىر كۆلەملىك ھالال موگۇسى يېتىشتۈرۈش مەركىزى قۇرۇلۇپ، بىر يىلدا 30 تونna ھالال موگۇسى ئىشلەپچىقىرىلدى. ناھىيىلىك ئۈن زاۋۇتى ئۈرۈمچى شەھەرلىك «1 ـ ئاۋغۇست» ئۈن زاۋۇتى بىلەن بىرلىشىپ تىجارەت قىلىپ، ئۈسكۈنىلىرىنى يېڭىلاپ، ئىشلەپچىقارغان ئۈن يۈرۈشلۈك مەھسۇلاتلىرى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بازارلارغا سېلىندى. «چىڭگىل» ماركىلىق يۈرۈشلۈك يېشىل يېمەكلىكلەر ناھىيە دەرىجىلىك ئىقتىسادنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسى بولۇپ قالدى.

لى خۇي

ئۈستۈنلۈكى بىلەن كەلگۈ تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە.

چىڭگىل ناھىيىسىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىتتىپاقلىشىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش، ھەقىقەتنى ئىزدەپ، ئەمەلىي ئىشلەش، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش، بېرىنچىلىكنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت چىڭگىل روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، چارۋىچىلىققا ئەھمىيەت بېرىپ، دېھقانچىلىقنى كۈچەيتىش، كانچىلىققا تۈزۈش قىلىش، يۇڭ - تىۋىتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، سودا ئارقىلىق چىگرىنى گۈللەندۈرۈش، ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، پەن - تېخنىكا، مائارىپ ئارقىلىق، چىڭگىلنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، ناھىيىنىڭ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشنى ئىزچىل، تېز، ساغلام تەرەققىي قىلدۇردى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى تۇرلۇك تەبىئىي ئاپەتلەرنى يېڭىش ئارقىسىدا مۇھىم راۋاجلاندى. دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا يىلمۇ يىل مول ھوسۇل ئېلىندى. تىرىكچىلىك كەسپىي قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشتە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. 1999 - يىلى ناھىيە بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1764 يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 20% ئاشتى.

باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، چىڭگىل ناھىيىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت ناھىيىنىڭ 5 چوڭ بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى ئاساس قىلىپ، بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئۆزگىچە بولغان ناھىيە ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يېڭى گۈللەنگەن 5 كەسىپ زەنجىرىنى شەكىللەندۈردى، بۇلار ئىنتايىن زور تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچىگە ئىگە. بىرىنچى، نەسىللىك كالا يېتىشتۈرۈش بازىسى. چىڭگىل ناھىيىسى 1998 - يىلدىن باشلاپ تۆرەلمە كۆچۈرۈش تېخنىكىسىنى كىرگۈزۈپ، يەرلىك شالغۇت كالىنىڭ سورتىنى ياخشىلىدى. 1999 - يىلى تۆرەلمە كۆچۈرۈش خىزمىتى ناھىيە بويىچە ھەر قايسى يېزا (بازار) لاردا ئومۇميۈزلۈك كېڭەيتىلىپ، 1080 كالىغا ئەنگىس، خېيفوت قاتارلىق دۇنيادىكى داڭلىق نەسىللىك كالىلارنىڭ تۆرەلمىسى كۆچۈرۈلدى. ئىككىنچى، چىڭگىل تىۋىتلىق ئۆچكە بازىسى قۇرۇلدى. چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ ئۆچكە تىۋىتى سۈپىتىنىڭ ياخشىلىقى، رېڭىنىڭ ئاقلىقى، تالاسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىلەن پۈتۈن مەملىكەتكە مەشھۇر، ھازىر ناھىيە بويىچە سورتى ياخشىلانغان تىۋىتلىق ئۆچكە 160 مىڭ تۇياققا، يىللىق ئەلا سۈپەتلىك ئاق ئۆچكە تىۋىتى 48 توننىغا يەتتى، ناھىيىمىز شىنجاڭنىڭ مۇھىم ئاق تىۋىتلىق ئۆچكە بازىسى بولۇپ قالدى. يېقىنقى يىللاردا، چىڭگىل ناھىيىسىدە تىۋىتلىق ئۆچكە سورتىنى ياخشىلاش خىزمىتى ئىشلەندى. 1995 - يىل 5 - ئايدا ش ئۇ ئا ر چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ تەكشۈرۈپ باھالىشى ئارقىلىق، چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ تىۋىتلىق ئۆچكىسىنىڭ يەككە ئۆچكە بويىچە ئەڭ يۇقىرى تىۋىت بېرىش مىقدارى 1296 گرام، تۇياق بېشىغا ئوتتۇرىچە تىۋىت بېرىش مىقدارى 320 گرام بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ، ھەتتا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكى ئىسپاتلاندى. ئۈچىنچى، يېشىل يېمەكلىك بازىسى بەرپا قىلىندى. 1998 - يىلدىن باشلاپ، چىڭگىل ناھىيىسىدە

# بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى

## ئاساسىي ئەھۋالى

بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى تەڭرىتاغنىڭ غەربىي بۆلىكىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە جايلاشقان. ئوبلاست مەركىزى ئورۇنلاشقان جاي بورتالا شەھىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 524 كىلومېتىر كېلىدۇ، شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى ئوبلاستنىڭ شەرقىي - جەنۇبىي قىسمىنى كېسىپ ئۆتىدۇ، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 140 كىلومېتىر. 1999 - يىلى ئوبلاستقا قاراشلىق شەھەر بىر، ناھىيە 2. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 5 - شىنىڭ ئوبلاست تەۋەسىدە تۇرۇشلۇق نوپۇسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 403 مىڭ 700 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 135 مىڭ 900). يېزا نوپۇسى 274 مىڭ 600؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 11.78‰، ئۆلۈش نىسبىتى 2.42‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 9.35‰. ئوبلاست بويىچە 70 مىڭ 70 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 23 مىڭ گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 48 مىڭ گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كلىماتىغا كىرىدۇ.

بورتالا ئوبلاستىدا داڭلىق يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلاردىن ئالقات، قارا گازىر، سوغىگۈل، قار لەيلىسى، خۇشپۇراق كۆك تاماكا قاتارلىقلار بار. ئوبلاست تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ مىقدارى 2 مىليارد 353 مىليون كۇب مېتىرغا، تۇزلەڭلىكلەردىكى يەر ئاستى سۈيىنىڭ مىقدارى 1

يېشىل يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بەرپا قىلىش خىزمىتىگە تۇتۇش قىلىنىپ، يۇقىرىغا ئىلتىماس سۇنۇلغان يازغى بۇغداي، بۇغداي ئۇنى، كالا گۆشى، قوي گۆشى قاتارلىق 4 خىل دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتى 1999 - يىلى دەسلەپكى قەدەمدە دۆلەتلىك «ئا» دەرىجىلىك يېشىل يېمەكلىك دەپ ئېتىراپ قىلىندى. نۆۋەتتە، چىڭگىل ناھىيىسىدە كالا گۆشى، قوي گۆشى، يازغى بۇغدايلارنى توجۇپىلەپ پىششىقلاش خىزمىتى ئوڭۇشلۇق ئىلگىرىلەپ، تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىش باسقۇچىغا كىردى. يېشىل بەلگە ئىشلىتىلگەن كىچىك بولاقلىق كالا، قوي گۆشى ۋە يۈرۈشلۈك ئۇن مەھسۇلاتلىرى بازارغا سېلىندى. تۆتىنچى، شىنجاڭ بويىچە كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولغان چىڭگىل ھاڭ موگۇسى بازىسى قۇرۇلدى. چىڭگىل ناھىيىسى تەۋەسىدە ياۋا ھاڭ بايلىقى مول، بۇ قىممەتلىك بايلىقنى تولۇق ئېچىپ پايدىلىنىش ئۈچۈن، 1998 - يىلى چىڭگىل ھاڭ موگۇسىنى ئايرىپ يېتىشتۈرۈش، سۈنئىي ئۆستۈرۈش ۋە تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىش مۇھىم تۈرلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلدى، تېخنىك خادىملار بۇ تېمىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشقا تەشكىللەندى، 2 يىل ئىزدىنىش، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى. سۈنئىي يېتىشتۈرۈلگەن چىڭگىل ھاڭ موگۇسىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى ئۆزگىچە، ئوزۇقلۇق تەركىبى مول، تەمى ياۋا ھاڭ موگۇسىغا يېقىنلىشىدۇ، بازىرى ئىنتايىن ياخشى بولدى. 1999 - يىلى چىڭگىل ھاڭ موگۇسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى 15 مىڭ خالتىغا يېتىپ، شىنجاڭ بويىچە كۆلىمى ئەڭ زور ھاڭ موگۇسى ئىشلەپچىقىرىش بازىسىغا ئايلاندى. بەشىنچى، تەبىئىي تاش ماتېرىيال ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇلدى. چىڭگىل ناھىيىسىدىن قىزىل رەڭلىك تاش، قارا سەپكۈن تاش قاتارلىق 32 خىل سۈپەتلىك تاش ماتېرىيال چىقىدۇ. زاپىسى 300 مىليون كۇب مېتىردىن 400 مىليون كۇب مېتىرغىچە كېلىدۇ. 1999 - يىلى چىڭگىل ناھىيىسى مەبلەغ كىرگۈزۈپ، شىنجاڭ چىڭگىل تەبىئىي تاش ماتېرىياللار چەكلىك شىركىتى قۇردى، بۇ شىركەت 12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى، ئۇنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى كەڭ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان چىڭگىل ناھىيىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت بىر قاتار ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇلار: (1) تۈر قۇرۇلۇشىغا ئېتىبار بېرىش سىياسىتى. ناھىيىنىڭ تەستىقلاش ھوقۇق دائىرىسى ئىچىدە، يېڭى تۈر قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلسا، ئالاقىدار تارماقلاردىن ئاجرىتىلغان كەسپىي خادىملار يىغىلىپ ئىش بېجىرىدۇ، 24 سائەت مۇلازىمەت قىلىدۇ، تەستىقلاش رەسمىيىتى ئەڭ قىسقا

مىليارد 75 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. تەبىئىي ئورمان كۆلىمى 186 مىڭ 300 گېكتارغا، بەرپا قىلىنغان ئورماننىڭ ساقلىنىپ قالغان كۆلىمى 19 مىڭ 900 گېكتارغا، تاغلىق يەرلەردىكى ئورمان زاپىسى 8 مىليون 990 مىڭ كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. ئاساسلىق دەرەخ تۈرلىرىدىن تەڭرىتاغ شەمشادى، قارىلىق چوققا شەمشادى، تەڭرىتاغ قېيىنى، موڭغۇلىيە قارىغىيى قاتارلىقلار بار. ئەلا سۈپەتلىك تەبىئىي ئوتلاق كۆلىمى 1 مىليون 620 مىڭ گېكتارغا يېتىدۇ. ئوبلاست تەۋەسىدە ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن قارا بۇلغۇن، يىلپىز، تاغ ئۆچكىسى، بۇغا، ئارقار، ئىستالغا، كۆلرەڭ تۇرنا، شىنجاڭ سالاماندىراسى، قىزىل تۈلكە قاتارلىقلار، ئاساسلىق دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن چۇچۇكبۇيا، چاكاندا، جىغان، توشقان زەدىكى، يەرمەدىكى، ئالقات، لوپنۇر كەندىرى، بورتالا سوغىگۈلى قاتارلىقلار، ئاساسلىق قېزىلما بايلىقلاردىن تۇز، فوسفور، پېرلېيت، مەرمەر، گرانت تاش، ھاك تېشى، ۋولفرام، گەج، مىس، قوغۇشۇن، سىنك قاتارلىقلار بار. ئوبلاست بويىچە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدىن 2 سى قۇرۇلدى، ئۇلارنىڭ كۆلىمى 28 مىڭ 700 گېكتار كېلىدۇ. ئوبلاست تەۋەسىدە سايرام كۆلى، خاپتوغاي غارايىپ تاش غارى، خارتوراگ ئورمانچىلىق رايونى، بۆگدۆر، ئارشىڭ، مىلىچكا ئوتلىقى قاتارلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋاڭ ۋېي؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: ۋۇ لىدې (موڭغۇل)، شېن شۇچياڭ، لىتىپ ئىمىن، شاۋ خەنشياڭ (خۇبېي ئۆلكىسىدىن شىنجاڭغا ياردەمگە كەلگەن كادىر، 7 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: سىرە (موڭغۇل)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: شېن شۇچياڭ، نۇر ئابباس شېرىپ (قازاق)، ب. سانجى (موڭغۇل)، شى گۇاڭفۇ، شى ئېندې، ئابدۇراخمان ھەسەن.

ئوبلاست باشلىقى: ۋۇ لىدې (موڭغۇل)؛ مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقلىرى: يۇ شېڭدې، ئەركىن ئابدۇقادىر، ماغاۋ سەيتقامزا (قازاق)، بايىنغولىن (موڭغۇل)، خۇاڭ سەنپىڭ.

سىياسىي كېڭەش 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: گو چىليۇ، مۇئاۋىن رەئىسلىرى: ما يۈگۈي، ئابلىكىم

ۋاقىت ئىچىدە ئاۋۋال بېجىرىپ بېرىلىدۇ؛ ناھىيىنىڭ ئەستىقلاش ھوقۇقىدىن ھالقىيدىغان تۈرلەرنى ئەستىقلىتىش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىشكە ياردەملىشىشكە ئادەم چىقىرىدۇ. (2) يەردىن پايدىلىنىشقا ئېتىبار بېرىش سىياسىتى. سۇ، تۇپراق ئېچىش ئۈچۈن يەر ئىشلەتسە، ئۆتۈنۈپ بېرىش يىل چېكى 50 يىل ئىچىدە بېكىتىلىدۇ؛ قۇرۇلۇش ئۈچۈن يەر ئىشلەتسە، ئۆتۈنۈپ بېرىش يىل چېكى 70 يىل ئىچىدە بېكىتىلىدۇ. قەرەللى توشقاندىن كېيىن داۋاملىق ئىشلەتمەكچى بولسا، توختامنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئالدىن ئېتىبار بېرىلىدۇ، قۇرۇلۇش قىلىشقا يەرنى كۆپەيتىپ ئىشلەتمەكچى بولسا، ئۆتۈنۈپ بېرىش، ئىجارىگە بېرىش، پاي قوشۇش، كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىغا ئېرىشسە بولىدۇ. يەردىن پايدىلىنىش ھوقۇقىنى ئۆتۈنۈپ بەرگەندە، ئەڭ تۆۋەن باھا ئىجرا قىلىنىدۇ، يەر ئۆتۈنۈپ بېرىش ھەققىنى بىر قېتىمدا تۆلەشتە قىيىنچىلىقى بولسا، ئالدى بىلەن بەلگىلىمە بويىچە يۇقىرىغا تاپشۇرۇلىدىغان ھەققىنى تاپشۇرسا، يەرلىككە قالدۇرۇلىدىغان قىسمىنى 3 يىلدىن 5 يىلغىچە تاپشۇرسا بولىدۇ. جامائەت پاراۋانلىقى ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان يەرلەر ھەقسىز كېسىپ بېرىلىدۇ. (3) مەبلەغ كىرگۈزۈشكە ئېتىبار بېرىش سىياسىتى. مەبلەغ كىرگۈزگۈچىگە كىرگۈزگەن مەبلەغ سوممىسىنىڭ % 1 — % 3ى مۇكاپات قىلىپ بېرىلىدۇ. (4) كارخانا قۇرۇشقا ئېتىبار بېرىش سىياسىتى. بۇ ناھىيىگە كېلىپ مەبلەغ سېلىپ زاۋۇت، كارخانا قۇرغان شەخس، كوللېكتىپلاردىن ئۈچ قالايمىقان ھەق ئېلىش ھادىسىسى يۈز بەرمەسلىككە ۋەدە بېرىلىدۇ. (5) تۈرلۈك مۇلازىمەتكە ئېتىبار بېرىش سىياسىتى. مەبلەغ سالغۇچى سۇ، توك ئىشلىتىش، ئىسسىنىش، داۋالىنىش، پەرزەنتلىرىنى يەسلىگە، مەكتەپكە بېرىش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ناھىيىمىزدىكى ئاھالىلەر بىلەن ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. (6) پەقەت قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلمىسىلا، باشقا جايلار تەمىنلەيدىغان ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىدىن چىڭگىل ناھىيىمىزمۇ ئىمكان قەدەر تولۇق بەھرىمەن قىلىدۇ.

جاي - جايلاردىكى ئىرادىلىك زاتلار چىڭگىل ناھىيىسىگە توپلىنىپ، غەربىي شىمال چېگرىدا ئۇلۇغۋار پىلانىنى ۋۇجۇدقا چىقىرايلى. چىڭگىل ناھىيىسى ئۈمىدكە تولغان، تەرەققىي قىلىشقا تەقەززا بولۇۋاتقان بىر مۇنبەت زېمىن، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى دوستلارنىڭ، بىلىملىك زاتلارنىڭ كېلىپ كۆرۈپ بېقىشىنى، تەرەققىياتقا مەبلەغ سېلىشىنى، دەۋرىمىزدىكى ئۇلۇغۋار ئىشلارنى بىرلىكتە ۋۇجۇدقا چىقىرىشىنى قارشى ئالىمىز.

ھۇسسىيىن، پۇ داچىڭ، چىندېل (موڭغۇل)، مۇھەممەت تۇردى، چېن گوفاڭ (ئايال).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى ئوبلاست بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 16 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 613 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن % 4.5 ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) 171 مىڭ 362 توننا ئاشلىق، 40 مىڭ 982 توننا پاختا، 31 مىڭ 744 توننا ياغلىق دان، 38 مىڭ 945 توننا قىزىلچا، 5346 توننا ئالقات، 188 توننا كۆك تاماكا، 3017 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. 939 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. بىر يىلدا 14 مىڭ 872 توننا گۆش، 15 مىڭ 50 توننا سۈت، 1926 توننا قوي يۇڭى، 12.84 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 400 مىڭ پارچە تېرە، 6058 توننا تۇخۇم، 750 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. ئوبلاست بويىچە چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك تراكتوردىن 8717 سى، كومبايندىن 127 سى بار. بىر يىلدا 17 مىڭ 524 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت (ساپ ئوغۇتقا سۇندۇرۇلدى) ئىشلىتىلدى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 48 مىليون 428 مىڭ 900 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئۇنۇملۇك سۇغىرىلىدىغان يەر 75 مىڭ 600 گېكتارغا يەتتى. 133.44 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ، 1102 يۇرۇشلەشكەن ئىنشائات ياسالدى. 63 قۇدۇق قېزىلدى، 3173 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيدى، 58.33 كىلومېتىر كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش توسمىسى ياسالدى. 7333 گېكتار ئوتتۇرا، تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز ئۆزگەرتىلدى، يۇركۈپ سۇغىرىش كېڭەيتىلگەن يەر 2756 گېكتارغا يەتتى، 15.6 كىلومېتىر غول سۇ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى يېڭىلاندى ۋە ئۆزگەرتىلدى. سۇنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشىدىن 13ى تاماملاندى، بۇنىڭ بىلەن 18 مىڭ 350 ئادەم، 57 مىڭ 300 تۇياق چارۋا پاكىز سۇ ئىچىدىغان بولدى. ئوبلاست بويىچە 3703 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى، 12 گېكتار ئوتلاق يېڭىدىن قاشالاندى. مەزمۇت ئېغىل - قوتاندىن 125ى، سۇلياۋ يېپىلغان ئىسسىق ئېغىل - قوتاندىن 188ى سېلىندى، 31.2 كىلومېتىر كۆچ يولى، 24 دورا كۆلچىكى ياسالدى. يېزا - بازار كارخانىسى 7471 گە، تىجارەت كىرىمى 713 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 707 مىليون 590 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 476 مىليون 490 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن % 10.26

## خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 199104 | —5.89 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى(تۈمەن يۈەن) | 84710 | —20.7 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 42033 | —5.8 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 72361 | 20.6 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 171362 | 0.68 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 101.26 | 2.7 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 57137 | 14.53 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 223857 | 5.44 |
| تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن دوللار) | | 3213.86 | 45.75 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 56093 | 4.46 |
| شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 197870 | 1.6 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى(تۈمەن يۈەن) | | 11132 | 7.32 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 26602 | 13.13 |

**ئىزاھ: جەدۋەلدىكى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (بىكتۈەن يېزا ئىگىلىك 5 - شىسىنىڭ بۇنىڭ سىرتىدا) 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 755 مىليون 90 مىڭ يۈەن.**

ئاشتى؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 161 مىليون 940 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 116 مىليون 330 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، %4 .15 ئاشتى. بىر يىلدا 155 مىليون 40 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 30 مىڭ توننا تۇز، 40 مىڭ 900 توننا ئۇن، 17 مىڭ 500 توننا سۇ يېغى، 17 مىڭ 800 توننا شېكەر، 1152 توننا يەم - خەشەك، 1990 توننا ئاق هاراق، 36 مىڭ 100 توننا ساپ پاختا، 7840 توننا پاختا يىپ، 1 مىليون 290 مىڭ مېتىر پاختا رەخت، 57 مىڭ 100 توننا سېمونت، 270 مىليون 330 مىڭ دانە خىش، 2577 توننا ئىسپىرت، 22.02 توننا ئېفېدرىن، 930 توننا دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۇلياۋ يوپۇق ئىشلەپچىقىرىلدى. شۇ يىلى نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلاردىن بورتالا شەھىرى دالتى بازىرى سۇدېلى دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىقنى بىرلەشتۈرۈش بويىچە ئۈلگە قۇرۇلۇشى تاماملاندى. بۇ تۈردە 600 گېكتار بوزيەر ئېچىلدى، 155 ئائىلىلىك چارۋىچى ئولتۇراقلاشتۇرۇلدى؛ ئارىشاڭ ناھىيىسى تاشۇ يېزىسىنىڭ ئوت - چۆپ بازىسىدا 513 گېكتار بوزيەر ئېچىلدى، 155 ئائىلىلىك چارۋىچى ئولتۇراقلاشتۇرۇلدى؛ جىڭ ناھىيىسىدىكى دۆلەت ئاشلىق زاپاس ساقلاش ئامبىرى پۈتتى؛ بورتالا - ئارىشاڭ تاشيولى ۋە ناھىيە، يېزا تاشيولىنىڭ بىر قىسىم بۆلىكىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى تاماملاندى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 360 مىليون 140 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 53 قۇرۇلۇش تۈرىدە ئىش باشلاندى. 70 تۈر پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. تۇراقلىق مۈلۈك 191 مىليون 870 مىڭ يۈەن كۆپەيدى. ئوبلاست بويىچە توشۇلغان يولۇچى 5 مىليون 580 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 562 مىليون 410 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا؛ توشۇلغان يۈك 3 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە، يۈك ئوبوروت مىقدارى 537 مىليون 560 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. ئالاتاۋ پورتىدىن ئۆتكۈزۈلگەن مال 3 مىليون 680 مىڭ توننىغا يېتىپ، تارىختا ئەڭ يۇقىرى رېكورت يارىتىلدى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 61 مىليون 967 مىڭ 300 يۈەنگە، كۆپەيگەن تېلېفون ئابونېنتى 9270 كە، يىل ئاخىرىدىكى تېلېفون

ئابونېنتى 44 مىڭ 351گە، يانتېلېفون ئابونېنتى 4054كە، سىمسىز چاقىرغۇ ئابونېنتى 18 مىڭ 415 كە يەتتى. ئوبلاست بويىچە شەھەر - يېزىلاردىكى بازار 47 گە، بازارلاردا پۈتۈشۈلگەن سودا سوممىسى 16 مىليون 579 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى 214 مىڭ 900 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 15 مىليون 720 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ئوبلاست بويىچە ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 12 مىڭ 547. بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 201. ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 2198. شۇ يىلى 12 پەن - تېخنىكا نەتىجىسى ئاپتونوم ئوبلاستنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئاپتونوم ئوبلاستنىڭ «ئېبىنۇر كۆلىنىڭ ئېكولوگىيىلىك ئۆزگىرىش يۈزلىنىشى ۋە ئۇنى ئۈنۈۋېرسال تۈزەشكە دائىر تەدبىر تەتقىقاتى» يۇمشاق پەن تۈرى 12 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. 1999 - يىلدىن باشلاپ ئوبلاست بويىچە 67 مىڭ گېكتاردىن ئارتۇق تېرىلغۇ يەردە تۇپراقنى تەكشۈرۈپ، نىسبەت بويىچە ئوغۇتلاش يېڭى تۈرى ئومۇميۈزلۈك كېڭەيتىلدى. ئوبلاست، ناھىيە، شەھەر بويىچە پەن - تېخنىكا ئۆلگىلىك يېزا، بازار، مەيداندىن 8ى بېكىتىلدى، بۇ ئوبلاستتىكى يېزا، بازار، مەيداننىڭ %38نى ئىگىلەيدۇ. پەن - تېخنىكىدا ئۆلگىلىك كەنت، ئەترەتتىن 74ى بېكىتىلدى، بۇ ئوبلاستتىكى كەنت، ئەترەتنىڭ %23نى ئىگىلەيدۇ. ئوبلاستتىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 120، ئوقۇغۇچىسى 41 مىڭ 590 (مىللىي 18 مىڭ 375)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 3520 (مىللىي 1955)؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 40، ئوقۇغۇچىسى 21 مىڭ 644 (مىللىي 9636)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 1879 (مىللىي 911)؛ ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا مەكتىپى 2، ئوقۇغۇچىسى 923 (مىللىي 37)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 74 (مىللىي 48)؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم 3، ئوقۇغۇچىسى 1093 (مىللىي 575)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 124 (مىللىي 55)؛ ئاپتونوم ئوبلاستلىق رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شۆبىسى بىر، ئوقۇغۇچىسى 730 (مىللىي 223)؛ بالىلار باغچىسى 16، باغچىدىكى بالا 5471 (مىللىي 1863)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 248 (مىللىي 84). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 24 مىليون 650 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 4 مىليون 550 مىڭ كۋادرات مېتىر قۇرۇلۇش قىلىندى. يېزا (بازار) مەدەنىيەت پونكىتى 18گە، كەنت دەرىجىلىك مەدەنىيەت ئۆيى 306 گە يەتتى. «بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى تەزكىرىسى» 1 - ئايدا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %85كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %88كە يەتتى. ئوبلاست بويىچە 40 سەھىيە ئاپپاراتى، 888 كارىۋات، 1460 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 762) بار. ئاپتونوم ئوبلاستلىق موڭغۇل تېبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىنىڭ يېڭى ئورنىغا كۆچۈش مۇراسىمى 1 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئۆتكۈزۈلدى، يېڭى پۈتكەن ئوبلاستلىق موڭغۇل تېبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىغا 3 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، قۇرۇلۇش كۆلىمى 4300 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى، ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسى، مېيىپلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە ئوبلاست تەنھەرىكەتچىلىرى 18 ئالتۇن مېدال، 13 كۈمۈش مېدال، 20 مىس مېدال ئالدى. ئاپتونوم ئوبلاستلىق تۆتىنچى نۆۋەتلىك ئىشچى - خىزمەتچىلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى 8 - ئاينىڭ 25 - كۈنى باشلاندى، 28 ئورۇندىن كەلگەن 1716 تەنھەرىكەتچى 8 تۈردىكى مۇسابىقىگە قاتناشتى. ئوبلاست بويىچە 48 مىڭ 200 ئوقۇغۇچى «دۆلەتلىك تەنتەربىيە چېنىقىش ئۆلچىمى»گە يەتتى.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى ئوبلاست بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2463 يۈەن بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن %4.3 تۆۋەنلىدى. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 6125 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازار ئاھالىسىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 22.46 كۋادرات مېتىرغا، يېزا ئاھالىسىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 19.05 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. ئوبلاست بويىچە مال - مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 18 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە، تۆلەم سوممىسى 9 مىليون يۈەنگە يەتتى. 83 مىڭ 808 ئادەم (قېتىم) ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە سۇغۇرتىلاندى. خېيىمخەتەر كاپالەت سوممىسى 2 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە، تۈرلۈك تۆلەم ۋە بېرىلگەن سومما 4 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 28 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا تۈرلۈك كەسپ تونۇشتۇرۇش ئاپپاراتىدىن 6 سى بار بولدى، شۇ يىلى ناھىيە بازىرىدا 1531 كىشى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. يىل ئاخىرىدا ئىشچى - خىزمەتچى 51 مىڭ 268 گە، ناھىيە بازىرىدىكى خۇسۇسىي ۋە يەككە تىجارەت ئورنىدىكى كەسپكار 21 مىڭ 703 كە يەتتى. ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان 744 ئىشچى -

خىزمەتچىسىنىڭ قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم بېرىلدى. قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش نىسبىتى 72% كە يەتتى. يىل ئاخىرىدا تۈرلۈك ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ساناتورىيىسى 14كە، كارىۋات 209 غا، بېقىلىۋاتقان يېتىم ـ يېسىر، بوۋاي ـ موماي، مېيىپ، بالا 140قا يەتتى. دۆلەت نەپىقە ۋە قوشۇمچە ياردەم بېرىدىغان تۈرلۈك نەپىقە ئوبيېكتى 7528گە يەتتى.

☆ ئالاتاۋ پورتىدا 5 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى يەنە قازاقىستانغا يولۇچى توشۇيدىغان، ساياھەت قىلغاچ مال سېتىۋالىدىغان مەخسۇس لىنىيە ئېچىلدى، بۇ لىنىيىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1330 كىلومېتىر بولۇپ، دۆلەت سىرتىدا قازاقىستاننىڭ شەمەي ئوبلاستى ۋە ئۇسچكا ئوبلاستىغا، دۆلەت ئىچىدە ئۈرۈمچى شەھىرىگە تۇتىشىدۇ، ھەپتىدە بىر قېتىم قاتنايدۇ.

☆ 99' ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ساياھىتى بورتالا نادام بايرىمى 7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىن 20 ـ كۈنىگىچە سايرام كۆلى بويىدا ئۆتكۈزۈلدى.

ئاۋلا

## بورتالا شەھىرى

### ئاساسىي ئەھۋالى

بورتالا شەھىرى تەڭرىتاغنىڭ غەربىي بۆلىكىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 524 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۈرۈمچىدىن ئالاتاۋ ئېغىزىغا بارىدىغان شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريولى شەھەر تەۋەسىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. 1999ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا شەھەرگە قاراشلىق بازار 3، يېزا 2، مەيدان 2، مەھەللە ئىش باشقارمىسى 4، شەھەرگە قاراشلىق رايون (ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار، بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 5 ـ شىسىنىڭ شتابى ۋە 6 تۈەن ـ مەيدانى شۇنىڭ ئىچىدە) نىڭ يىل ئاخىرىدىكى نوپۇسى 212 مىڭ 969 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 71 مىڭ 100)، يېزا نوپۇسى 146 مىڭ 342. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 11.62‰، ئۆلۈش نىسبىتى 2.07‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 9.55‰؛ شەھەر بويىچە 28 مىڭ 393 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 10 مىڭ 159 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 17 مىڭ 9 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى.

بورتالا شەھىرىنىڭ سۇ مەنبەسى مول بولۇپ، يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارى 1 مىليارد 212 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 289 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 65 مىڭ 201 گېكتار ئورمان بار، بۇنىڭ ئىچىدە تاغلىق يەر ئورمىنى 37 مىڭ 488 گېكتار، 567 مىڭ 500 گېكتار تەبىئىي ئوتلاق بار. ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن سوغىكۆل، چۈچۈكبۇيا، چاكاندا، قار لەيلىسى، قان تېپەر، بۇمران بۇغا مۈڭگۈزى قاتارلىقلار بار. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋان 38 خىلغا يېتىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتلىك 1 ـ دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن قارا بۇلغۇن، يىلپىز، تاغ ئۆچكىسى قاتارلىق 9 خىلى، دۆلەتلىك 2 ـ دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن چولڭ ئاق قۇ، لاچىن قاتارلىق 26 خىلى بار. ئاساسلىق قېزىلما بايلىقلاردىن ھاك تېشى، مەرمەر، گرانىت تاش، پېرلىيىت قاتارلىقلار بار. دۆلەتنىڭ 1ـ قاتاردىكى پورتلىرىدىن ئالاتاۋ پورتى بورتالا شەھىرى تەۋەسىدە، بورتالا شەھىرىدە گوۋۇيۈەن ئالاھىدە رايون ئىشخانىسىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن چېگرا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونى قۇرۇلدى. شەھەر تەۋەسىدە داڭلىق مەنزىرە رايونلىرىدىن سايرام كۆلى قاتارلىق ساياھەت نۇقتىلىرى بار.

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ بورتالا شەھەرلىك 3 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋاڭ جۈن.

5 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابلىز ئەمەت.

شەھەر باشلىقى: بادمارا (موڭغۇل).

سىياسىي كېڭەش 5 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: نوغاي جۇماقان (قازاق).

### يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 ـ يىلى شەھەر بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 413 مىليون 660 مىڭ يۈەن (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 264 مىليون 820 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن 7.98% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). بىر يىلدا 78 مىڭ 119 توننا ئاشلىق، 8614 توننا ياغلىق دان، 18 مىڭ 714 توننا پاختا، 34 مىڭ 415 توننا قىزىلچا ئېلىندى. 303 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. 6802 توننا گۆش، 6889 توننا سۈت، 805 توننا يۇڭ، 177 مىڭ 321 پارچە تېرە ئېلىندى. ئېتىز ـ ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 13 مىليون 773 مىڭ 400 يۈەن مەبلەغ سېلىندى (بۇنىڭ ئىچىدە ئۆزى تەييارلىغىنى 11 مىليون 98 مىڭ 400 يۈەن). 27.51 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىق ـ ئۆستەڭ ياسالدى. سۇغىرىش رايونىدا 322 يۈرۈشلەشكەن مۇئەسسەسە ياسالدى. 20 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، كىچىك تىپتىكى پۈركۈپ سۇغىرىش ماشىنىسىدىن 175 ى سېتىۋېلىندى، 1486.7

## خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى ( % ) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 55172 | 6.6 |
| يۈنىلىش ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 19873 | 6.83 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 13970 | —7.5 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 21329 | 15.93 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 78119 | 9.5 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 401144 | 0.88 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 31508 | 10.18 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 89604 | 2.59 |
| تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن دوللار) | | 219.84 | 10.78 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بويۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 31386 | 1.39 |
| شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 127061 | 0.07 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 5976 | 1.13 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 8873 | 12 |

**ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 315 مىليون يۈەن.**

گېكتار يەردە يۇركۈپ سۇغىرىش، تامچىلىتىپ سۇغىرىشتىن ئىبارەت سۇ تېجەپ سۇغىرىش يولغا قويۇلدى (يىلىغا تېجەلگەن سۇ 16 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ)، 6.1 كىلومېتىر غول سۇ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنى كېڭەيتىش تاماملاندى، 800 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى، 1033 گېكتار بوزيەر ئېچىلدى. 62 ئائىلىلىك چارۋىچى ئولتۇراقلاشتۇرۇلدى. 2.1223 گېكتار يەم - خەشەك بازىسى بەرپا قىلىندى، 280 ئىسسىق ئېغىل - قوتان سېلىندى. 6000 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى. يېزا - بازار كارخانىسى 2705كە، كەسىپكارى 9622گە، كىرىمى 418 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 11مىليون 90 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

شەھەر بويىچە سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 32 مىليون 950 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 21 مىليون 520 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 9.91% ئاشتى. بىر يىلدا 4 مىليون 940 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 45 مىڭ 600 توننا سېمونت، 1995 كۇب مېتىر سېمونت قويۇلما، 1408 دانە سېمونت ستولبا، 179 مىليون 580 مىڭ دانە خىش، 11 مىڭ 211 كۇب مېتىر كۆپتۈرمە پېرلىيت، 9161 توننا پېرلىيت رۇدىسى، 30 مىڭ 800 توننا هاك تېشى، 3 مىليون 550 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى، 1990 توننا ئاق هاراق، 7977 توننا سۇ يېغى، 1213 توننا گۈرۈچ، 21 مىڭ 600 توننا ئۇن، 17 مىڭ 442 توننا ساپ پاختا، 2000 توننا قىسقا پاختا تىۋىتى، 5548 توننا پاختا يىپ، 35 مىڭ 500 قۇر كىيىم - كېچەك، 9200 پار خۇرۇم ئاياغ، 930 توننا سۇلياۋ ياسالما، 676 توننا قەغەز ياسالما، 13 مىڭ 872 دانە ئۆي جاھازىسى، 12.39 توننا خىمىيىلىك خام ئەشيادىن ياسالغان دورا - دەرمەك، 1.28 توننا جۇڭگو تېبابىتى تەييار دورىسى ئىشلەپچىقىرىلدى. شۇ يىلى 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان «سەنجىن» ئاشلىق - ياغ چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدە ياغ تارتىش لىنىيىسى قۇرۇلۇپ، يىلىغا 10 مىڭ توننا ئاپتاپپەرەس يېغى تارتالايدىغان ئىقتىدار شەكىللەندى. 330 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان بورتالا نادام هاراقچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ ئاق هاراق قاچىلاش لىنىيىسى پۈتكۈزۈلۈپ، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 1000 توننا ئاشۇرۇلدى؛ 250 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان «لىندا» بىناكارلىق ماتېرىياللىرى چەكلىك مەسئۇلىيەت

شىركىتىنىڭ ستولبا ئىشلەش ئۇسكۇنىسى ئۆزگەرتىلدى. بۇنىڭ بىلەن يىلىگىدىن 1000 تال ستولبا ئىشلەش ئىقتىدارى قوشۇلدى. بورتالا پاختا توقۇمىچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ ISO9002 خەلقئارالىق سۈپەت ئۆلچىمىگە يەتكەنلىكى دەلىللەندى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 75 مىليون 10 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شەھەرگە قاراشلىق رايونلارنىڭ يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 313 مىليون 726 مىڭ 900 ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 363 مىليون 321 مىڭ 600 توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. شەھەرگە قاراشلىق رايونلاردا پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 5 مىليون 945 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف ئالاقىسىنىڭ تىجارەت سوممىسى 28 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە، پروگراممىلىق تېلېفون ئابونىتى 26 مىڭ 791 گە، بازار سودىسىدا پۈتتۈشۈلگەن سومما 87 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە، ساياھەتچىلىكتىن قىلىنغان كىرىم 1 مىليون 11 مىڭ 800 يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

شەھەر بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا خادىمى بارلار 938 (بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇتقۇچى 546، سىياسىي خىزمەت ئوقۇتقۇچىسى 64). بىر يىلدا ئاپتونوم رايون، ئوبلاست، شەھەردىن ئىبارەت 3 دەرىجە بويىچە 76 پەن - تېخنىكا تۈرى يولغا قويۇلۇپ، 56 مىليون 580 مىڭ يۈەن ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىلدى. پەن - تېخنىكىنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە قوشقان تۆھپىسى %45تىن ئاشتى. شەھەر «مەملىكەت بويىچە پەن - تېخنىكا خىزمىتىدىكى ئىلغار شەھەر» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى. شەھەردىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 52 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 19). ئوقۇغۇچىسى 19 مىڭ 237 (مىللىي 9131)، ئوقۇتقۇچى 1648 (مىللىي 983)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 15 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 7)، ئوقۇغۇچىسى 9605 (مىللىي 4856)، ئوقۇتقۇچىسى 756 (مىللىي 393)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 234، ئوقۇتقۇچى 26؛ بالىلار باغچىسى 8، باغچىدىكى بالا 2933 (مىللىي 1199)، باغچا ئوقۇتقۇچىسى 121 (مىللىي 46). بىر يىلدا مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 530 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100 كە، سىمسىز تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98كە، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %76كە يەتتى. شەھەر بويىچە 156 تېبابەت داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى (بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكىسى 11، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكىسى 100، يەككە ئىگىلىكتىكىسى 45)، 686 كەسپىي تېخنىكا خادىمى (ئىش ئورنىدىكىسى)، 180 كارىۋات بار. شۇ يىلى شىۋېنگېن بازارلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى قاپىل ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە ئوغۇللارنىڭ 3000 مېتىرغا يۈگۈرۈشى بويىچە كۈمۈش مېدال ئالدى. شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى فېنى مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ 52 كىلوگراملىقلار بويىچە چېلىشىش مۇسابىقىسىغا قاتنىشىپ 4 - بولدى. شۇ يىلى ئارالتوقاي چارۋىچىلىق فېرمىسى 140 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ 2 مەدەنىيەت ئۆيى سالدى. دالتۇ بازىرى 60 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ بىر ۋاسكېتبول مەيدانى ياسىدى.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 2582 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 6205 يۈەنگە يەتتى. شەھەرگە قاراشلىق رايونلاردا ئۆمۈر سۇغۇرتىسى كەسپىدىن كىرگەن كىرىم 19 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە، سۇغۇرتا ھەققى سوممىسى 24 مىليارد 700 مىليون يۈەنگە يەتتى، 2 مىليون 990 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى. مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى كەسپىدىن قىلىنغان كىرىم 10 مىليون 880 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 2 مىليون 780 مىڭ يۈەن)گە يەتتى، 6 مىليون 110 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى (بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك سۇغۇرتىسىغا تۆلەنگىنى 1 مىليون 530 مىڭ يۈەن). شەھەر بويىچە ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى %80كە يەتتى. شۇ يىلى 2804 ئادەم (قېتىم) %30 تۇرمۇش ياردەم پۇلىنى ئۆستۈرۈپ بېرىش پىلانى بويىچە 75 مىڭ يۈەن پۇلدىن بەھرىمان بولدى، 5375 ئادەم (قېتىم)گە 300 مىڭ 755 يۈەن تۇرمۇش كاپالەت پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى. شەھەر ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا 3 مىليون 836 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، «ئىتتىپاق» يولى، «سەددىچىن» يولى، «گۈللۈمتو» يولىنى ئۆزگەرتىش - كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى، يول رېمونت قىلىش ۋە پىيادىلەر يولىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى تاماملاندى. 3 - قارارلىق سۇ بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشى ۋە يۇندا بىر تەرەپ قىلىش، سۇ بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشىنى كېڭەيتىش، مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش قاتارلىق تۈرلەرنىڭ ئالدىنقى قارارلىق تەييارلىق خىزمىتى ئىشلەندى. شەھەر رايونىدىكى 10 ئاساسىي كوچا، غول، تارماق كوچا ۋە كوچا مەركىزىدىكى مەيدانلار كەڭ كۆلەمدە كۆكەرتىلدى ۋە ئۆزگەرتىلدى؛ «بىگخې» باغچىسى بىلەن «خەلق» باغچىسىنىڭ قۇرۇلۇشى

پاشلاندى. شەھەر بويىچە كۆكەرتىلگەن كۆلەم 26.1 گېكتار كۆپەيدى، شەھەرنىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 25.2%كە يەتتى.

## بورتالا شەھەرلىك چېگرا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونى

1999 - يىلى ھەمكارلىق رايونى سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ كىرگۈزۈش تۈرىدىن 4نى تاماملىدى. بۇ تۈرلەرگە 23 مىليون 550 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شىنجاڭ «جۇڭجى» شىركىتى كىرگۈزگەن پەمىدۇر قىيامى تۈرى — ھەمكارلىق رايونى كىرگۈزگەن ئەڭ زور ئېكسپورت مەھسۇلاتى ئىشلەش تۈرى بولۇپ، تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشتە مۇھىم رول ئوينىدى، يېڭىدىن 15 تۈر قۇرۇلدى، 25 مىڭ 661 كۋادرات مېتىر قۇرۇلۇش پۈتكۈزۈلدى. بۇنىڭغا 18 مىليون 862 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

جاڭ جۇڭشيۇ

# جىڭ ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

جىڭ ناھىيىسى شىنجاڭنىڭ غەربىي شىمالىغا، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي چېتىگە، تەڭرىتاغنىڭ تارماق تىزمىسى بولغان بولخنۇر تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 423 كىلومېتىر، تۆمۈريول مۇساپىسى 412 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 3، فېرما 3، رايونلۇق مەھكىمە بىر. ناھىيىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى نوپۇسى (بىڭتۇەننىڭ ناھىيە تەۋەسىدە تۇرۇشلۇق تۇەن - مەيدانلىرىنىڭ نوپۇسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 119 مىڭ 6 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 36 مىڭ 547). يېزا نوپۇسى 90 مىڭ 613؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 12.28‰، ئۆلۈش نىسبىتى 2.59‰؛ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 9.69‰. ناھىيە بويىچە 22 مىڭ 602 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 3598.2 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز ئورنى تېرىلغۇ كۆلىمى 86.53 گېكتار)، 14 مىڭ 483.13 گېكتار يەرگە كېۋەز، 3549.07 گېكتار يەرگە ئالقات تېرىلدى.

جىڭ ناھىيىسىنىڭ ئەۋزەللىككە ئىگە بايلىقلىرىدىن تۇز، گالوگېنلىق قۇرت، ئالقات، پاختا قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلاردىن مولىبدېن رودىسىنىڭ زاپىسى شىنجاڭ بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن گەنجاخۇ كۆلى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، ئىبنۇر كۆلى قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ جىڭ ناھىيىلىك 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: گو شياڭيى (6 - ئايدىن 9 - ئايغىچە خىزمەتلەرگە رىياسەتچىلىك قىلدى، 10 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ن. جاۋا (موڭغۇل).

ھاكىم: تىلەۋ ئەبىن (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: رۇستەم ئەمەت.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 392 مىليون 729 مىڭ 600 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 233 مىليون 297 مىڭ 300 يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 2.44% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). بىر يىلدا 38 مىڭ 2 توننا ئاشلىق، 1101 توننا ياغلىق دان، 22 مىڭ 268 توننا پاختا، 5041 توننا ئالقات، 2009 توننا قوغۇن، 2626 توننا تاۋۇز ئېلىندى. 467 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ناھىيە بويىچە 374 مىڭ گېكتار تەبىئىي ئورمان، 5986.67 گېكتار بەرپا قىلىنغان ئورمان ساقلاپ قېلىندى. 4234 توننا گۆش، 5495 توننا سۈت، 498 توننا يۇڭ، 5110 پارچە كالا تېرىسى، 69 مىڭ 133 پارچە قوي تېرىسى، 12 مىڭ 497 پارچە ئۆچكە تېرىسى، 33 توننا ھەسەل، 1074 توننا تۇخۇم، 326 توننا تاتلىق سۇ بېلىقى، 20 توننا گالوگېنلىق قۇرت ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 23 مىليون 38 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 62.4 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ، 471 يۈرۈشلەشكەن ئىنشائات ياسالدى، 39 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى. 49.6 كىلومېتىر ئۆزۈنلۇقتا سۇ چىقىرىۋېتىش ئۆستىڭى چېپىلدى، 38.8 كىلومېتىر كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش توسمىسى رېمونت قىلىندى. شياخېجى سۇ ئامبىرىغا 24 مىليون 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 300 مېتىرلىق سۇ باشلاش ئۆڭكۈرى ياسالدى. 1380 گېكتار يەر پۈركۈپ سۇغىرىلدى، 1466.67 گېكتار تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز ئۆزگەرتىلدى. 451.2 گېكتار بوزيەر ئېچىلدى، 1102.47 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى. قاشالانغان ئوتلاق 12 گېكتار كۆپەيدى. يېزا - بازار كارخانىسى 3637 گە، كەسىپكارى 6988 گە، كىرىمى 219 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 206 مىليون 113 مىڭ يۈەن

### خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 ـ يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 24663 | 6.8 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 12745 | 2.6 |
| | 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 4019 | 8.2 |
| | 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 7899 | 13.5 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (تونна) | | 38002 | —14.63 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۇياق) | | 249786 | 2.79 |
| يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 17100 | 22.14 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 76381 | 2.41 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 12024.5 | 0.51 |
| بازار ـ يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 54501 | —1.02 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 2896 | 2.48 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 5823 | 18.98 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 246 مىليون 630 مىڭ يۈەن. 1998 ـ يىلى يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 140 مىليون يۈەن بولدى.

(1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 147 مىليون 231 مىڭ يۈەن)گە يېتىپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن %12.82، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 22 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %9.9 ئاشتى. بىر يىلدا 23 مىليون 190 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 2292 تونна پاختا يىپ، 5622 تونна مۇ يېغى، 2284 تونна مۇرەككەپ ئوغۇت، 30 مىڭ تونна تۇز، 9000 تونна سېمونت ئىشلەپچىقىرىلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرى — جىڭ ناھىيىلىك دۆلەت ئاشلىق ئامبىرى پۈتۈپ ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. بۇ تۈرگە 22 مىليون 550 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. جىڭ ناھىيىلىك تۇز مەيدانى بىلەن چىڭداۋ دېڭىز ـ ئوكيان ئۇنىۋېرسىتېتى بىرلىشىپ 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 50 تونна قۇرۇق گالوگېنلىق قۇرت تۇخۇمى پىششىقلىدى، بۇنىڭ سېتىلىش سوممىسى 15 مىليون يۈەنگە يەتتى؛ 1 مىليون 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، شاڭخەيدىن توڭلىتىش، قۇرۇتۇش ماشىنىسى كىرگۈزدى، قۇرت توڭلىتىش، قۇرۇتۇش سېخى قۇرۇپ، 900 كىلوگرام قۇرت قۇرۇتتى، بۇنىڭ قىممىتى 10 مىليون يۈەنگە يەتتى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 97 مىليون 340 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى (دۆلەت ئىلكىدىكى، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى، يەككە ئىگىلىكتىكىسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 61 مىليون 551 مىڭ 900 ئادەم ـ كىلومېتىرغا، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكىسى 27 مىليون 265 مىڭ ئادەم ـ كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 30 مىليون 885 مىڭ 500 تونна ـ كىلومېتىرغا، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكىسى 2 مىليون 88 مىڭ 800 تونна ـ كىلومېتىرغا؛ پوچتا ـ تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 10 مىليون 603 مىڭ 300 يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى پروگراممىلىق تېلېفون 11 مىڭ 322 توچكىغا، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 13 مىليون 503 مىڭ يۈەنگە، بازار سودىسىدا پۈتۈشۈلگەن سومما 44 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە، ساياھەتچىلىكتىن قىلىنغان كىرىم 1 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

### پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ـــ ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن ـ تېخنىكا خادىمىدىن 535، (ئوقۇتقۇچىلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە). ئوبلاست دەرىجىلىك پەن

تەتقىقات تۈرىدىن بىرى تاماملاندى، ئۇ: تونىلىق شال ئېتىزىنى تەجرىبە قىلىش تۈرى بولۇپ، جىڭ ناھىيەسىنىڭ داخېيەنزە بازىرىدا 16.67 گېكتار تونىلىق شال ئېتىزى تەجرىبە قىلىندى. ناھىيەلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. ناھىيەدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 42 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 11)، ئوقۇغۇچىسى 14 مىڭ 273 (مىللىي 5204)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 1137 (مىللىي 567)، ئوتتۇرا مەكتەپ 14 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 6)، ئوقۇغۇچىسى 6725 (مىللىي 1256)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 624 (مىللىي 238)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 689، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 48 (مىللىي 2). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 8 مىليون 150 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئو، تېلېۋىزىيەنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100كە يەتتى. 1999 - يىلى ناھىيەلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى مەملىكەتلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە سىستېمىسى بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. 1 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، 400 مېتىرلىق ئۆلچەملىك يۈگۈرۈش يولى بار يېنىك ئاتلېتىكا مەيدانى ياسالدى. 2 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 1800 كۋادرات مېتىرلىق داخېيەنزى بازارلىق مەدەنىيەت مەركىزى سېلىندى. ناھىيە بويىچە 11 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى (بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا بىر، شىپاخانا 7)، 394 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 248 كارىۋات بار. جىڭ ناھىيەسى ئاپتونوم رايون بويىچە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدە «ئۈچنى ئاساس قىلىش» تىكى ئۆلچەمگە يەتكەن ناھىيە بولۇپ باھالاندى. تولى يېزىسى كۆستە شىپاخانىسىدىن ۋاڭ يۈن مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى. 6 - ئايدا جىڭ ناھىيەلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 - يىللىق ئوقۇغۇچىسى چى شۇۋېي ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 99 - يىللىق يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا قاتنىشىپ ئاپتونوم رايوننىڭ 100 مېتىرلىق رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئالتۇن مېدال ئالدى.

### خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2526 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 5345 يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا كەسپى بويىچە سۇغۇرتىلاش سوممىسى 299 مىليون 437 مىڭ يۈەنگە، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 9 مىليون 682 مىڭ 700 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 2 مىليون 712 مىڭ 700 يۈەن، جىسمانىي سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 6 مىليون 970 مىڭ يۈەن. مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە 1 مىليون 933 مىڭ 700 يۈەن تۆلەم تۆلەندى، جىسمانىي سۇغۇرتا بويىچە تۆلەپ بېرىلگەن سومما 2 مىليون 956 مىڭ 400 يۈەنگە يەتتى. جىڭ ناھىيەسىدە ياشانغاندا كۈتۈنۈش، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى ئاساس قىلىنغان ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلىندى. ناھىيە بازىرىدىكى بارلىق كارخانىلار بۇنىڭغا قاتناشتى. ناھىيەدىكى 2101 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش كاپالىتىگە قاتناشتى، ھەق تاپشۇرۇۋېلىش نىسبىتى %94كە يەتتى؛ 5696 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى. ھەق تاپشۇرۇۋېلىش نىسبىتى %95كە يەتتى، 51 ئائىلىدىكى 236 كىشى (قايتا نامراتلاشقان ئائىلە) مۇستەھكەملەندى ۋە يۆلەندى. دېھقانچىلىق بېجى، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇش، تىرىشچانلىق بىلەن ئوقۇپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش خىراجىتى، ئوقۇش بەدەل پۇلى بولۇپ، 90 مىڭ 900 يۈەن ئازايتىلدى ۋە كەچۈرۈم قىلىندى. شۇ يىلى مۇھىت بۇلغىنىشنى چەكلەش مۇددەتتە تۈزەش بويىچە 5 تۈر تاماملاندى، 1 مىليون 20 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 250 مىڭ كۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى ئىس - تۈتەك كونترول قىلىنغان رايون بەرپا قىلىندى. 1999 - يىلى كۆلىمى 27 گېكتار كېلىدىغان جىڭ ناھىيەلىك خەلق باغچىسىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى. يېشىللىق بىلەن قاپلانغان رايون كۆلىمى 99 گېكتارغا، باغۋارانلاشتۇرۇلغان كۆلەم 54 گېكتارغا، ئاممىۋى كۆكلەمزارلىق كۆلىمى 43.2 گېكتارغا يەتتى.

☆ جىڭ ناھىيەسى تولى يېزىسىدىكى ئالقات تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 52 سودىگەر بىرلىشىپ 2 مىليون 340 مىڭ يۈەن يىغىپ قۇرۇپ چىققان، كۆلىمى 29 مىڭ 970 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئالقات بازىرىدا 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى تىجارەت باشلاندى، بازاردا ئالقات سېتىۋېلىش ۋە يىششىقلاش ئۆيىدىن 52 سى بار.

خۇاڭ جىياخۇا، ليۇ جىخې

## ئارىشاڭ ناھىيەسى

### ئاساسىي ئەھۋالى

ئارىشاڭ ناھىيەسى بورتالا دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا جايلاشقان. 1999 - يىلى ناھىيەگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 4، مەيدان (فېرما) 3. ئورۇمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 625 كىلومېتىر كېلىدۇ. ناھىيەنىڭ يىل ئاخىرىدىكى نوپۇسى (بىڭتۈەننىڭ ناھىيە تەۋەسىدىكى نوپۇسىنى

شۇنىڭ ئىچىدە) 71 مىڭ 758 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 28 مىڭ 233)، يېزا نوپۇسى 53 مىڭ 165؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰11.4، ئۆلۈش نىسبىتى ‰3.17، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰8.24. ناھىيە بويىچە 19 مىڭ 453 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 9228 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 9064 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى يېرىم قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

ئارشاڭ ناھىيىسى تەۋەسىدە بورتالا دەرياسى، ئورتاساي دەرياسى ۋە 75 جىلغا سۈيى بار. يىللىق ئېقىن مىقدارى 820 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 3 ئورۇندا ئارشاڭ بار. سۈيىنىڭ ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 45℃ ئۆپچۆرىسىدە. ئارشاڭ سۈيى تېرە كېسەللىكلىرى، بوغۇم ياللۇغى قاتارلىق كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن بۇغا، جەرەن، تاغ ئۆچكىسى، سۇغۇر، ئېيىق، يىلپىز قاتارلىقلار بار. ناھىيە تەۋەسىدە دۇنيا بويىچە ئەتىۋارلىق ھايۋان — شىنجاڭ سالاماندىراسى بار. ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن سوغىگۈل، چوڭ يوپۇرماقلىق جېنتىيانا، ئەگىلىكئوت، چاكاندا، قان تېپەر، قار لەيلىسى قاتارلىقلار بار، قېزىلما بايلىقلاردىن ۋولفرام، تۆمۈر، مىس، توزتاش، كۆمۈر، ئالتۇن، كۆمۈر قاتارلىقلار بار.

1999 - يىلى ئارشاڭ ناھىيىسىدە تېرىلغان ياڭيۇ 99' كۈنىنىڭ دۇنيا باغۋەنچىلىك كۆرگەزمىسىدە مىس مېدالغا ئېرىشتى.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئارشاڭ ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ ۋېي.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئۆمار غازى (قازاق).

ھاكىم: ئى. نومىندالا (موڭغۇل).

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: شېڭ ماۋلىۋ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 113 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە) بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن %26.0 تۆۋەنلەپ كەتتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 55 مىڭ 241 توننا ئاشلىق، 4530 توننا قىزىلچا، 22 مىڭ 29 توننا ياغلىق

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | | 1.25 | 3.1 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 0.7 | —0.3 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 0.22 | —6.1 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 0.33 | 19.4 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 55241 | 3.8 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 36.16 | 4.6 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 7082 | 16.7 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (تۈمەن كىلوۋات) | | 5.79 | 15.1 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 7595.8 | 3.7 |
| بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (100 مىليون يۈەن) | | 2.12 | 26.2 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 909 | 5.6 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 4523 | 21.2 |

ئىزاھ: جەدۋەلدىكى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى.

دان ئېلىندى. 152 گېكتار يەرگە تېرىلغان تاماكىدىن 188 توننا كۆك تاماكا ئېلىندى. 245 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. 3836 توننا گۆش، 4669 توننا سۈت، 640 توننا يۇڭ، 3297 كىلوگرام ئۆچكە تىۋىتى، 139 مىڭ 217 پارچە تېرە ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 2 مىليون 874 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 49.41 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى، 36 مىڭ 908 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى. 129 سۇلياۋ يېپىلغان ئىسسىق قوتان سېلىندى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 49 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا) گە يەتتى. بىر يىلدا 13 مىليون 190 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 2480 توننا سېمونت، 12 مىڭ 700 توننا ئۇن، 3999 توننا سۇ يېغى، 22 مىڭ 25 توننا ئېغىدىن ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 17 مىليون 570 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ياسىلىۋاتقان ئاساسلىق تۈرلەردىن 1 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان پېشقەدەم كادىرلارنى ماكانلاشتۇرۇش بيناسى ۋە 650 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان سودا - سانائەت ئىدارىسىنىڭ تۇرالغۇ ئۆي بيناسى، 5 مىليون 850 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ خىزمەت بيناسى بار. پۈتكۈزۈلگەن تۈرلەردىن 1 مىليون 760 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ماكانلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى، 150 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ساياھەت ئىدارىسىنىڭ سالاماندىرا مېھمانخانىسى، 260 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ناھىيىلىك قوراللىق ساقچى قىسىم ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ گازارمىسى بار. 1999 - يىلى ناھىيە بويىچە يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 44 مىليون 900 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 19 مىليون توننا - كىلومېتىرغا، پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 4 مىليون 638 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 30 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 56 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمىدىن 263. شۇ يىلى ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پەن تەتقىقات تۈرىدىن 4ى تاماملاندى. ناھىيىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 26 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 12)، ئوقۇتۇش نۇقتىسى 20، ئوقۇغۇچىسى 8080 (مىللىي 4040)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 9 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 2)، ئوقۇغۇچىسى 4444 (مىللىي 1654). ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 1062 (مىللىي 545). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 714 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 81%كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 90%كە يەتتى. سىملىق تېلېۋىزىيە تورىغا كىرگەن ئائىلىلەرنىڭ نىسبىتى 29.2% بولدى. شۇ يىلى يېزا ئارخىپچىلىق خىزمىتى بويىچە ئۆلچەملىك قېتىملىق نەق مەيدان يىغىنى ئېچىلدى. ناھىيە بويىچە 87 دوختۇرخانا (يەككىلەر ئاچقان ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش ئورنىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 247 سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 151)، 124 كارىۋات بار. ناھىيىنىڭ پىلانلىق تۇغۇتتىكى «ئۈچنى ئاساس قىلىش» خىزمىتى ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2051 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 4903 يۈەنگە، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 1 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 1 مىليون 351 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى. ناھىيە بازىرىدا 123 ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

☆ 1999 - يىلى ئارشاڭ ناھىيىسى كوندىلاڭ چارۋىچىلىق فېرمىسى ئاپتونوم رايون بويىچە چېگرا رايوننى باشقۇرۇشتىكى ئىلغار ئورۇن دېگەن نامغا ئېرىشتى؛ ناھىيىلىك ئېغىدىن زاۋۇتىنىڭ خىزمەتچىسى بەي شياۋيىڭ مەملىكەت بويىچە «1 - ماي» ئەمگەك مېدالىغا ئېرىشتى.

خەن شۇجۈەن، لى شىجيې

# سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى

## ئاساسىي ئەھۋالى

سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 35 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى ئوبلاستقا قاراشلىق شەھەر 3، ناھىيە 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 6 - شىنىڭ نوپۇسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 1 مىليون 481 مىڭ 800 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 373 مىڭ 500)، يېزا

نوپۇسى 699 مىڭ 768؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 11.65‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 7.94‰. ئوبلاست بويىچە 305 مىڭ 400 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 160 مىڭ 100 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 113 مىڭ 700 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

سانجى ئوبلاستى تەۋەسىدە چوڭ مۇزلۇقتىن 1319ى، ئىچكى ئېقىندىن 57 سى بار. ئورمان كۆلىمى 141 مىڭ 560 گېكتار. پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئوتلاق كۆلىمى 5 مىليون 780 مىڭ 100 گېكتار. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلىرىدىن يىلپىز، ياۋا ئات، ياۋا ئېشەك، ئۇلار قاتارلىقلار، دورىلىق ئۆسۈملۈكلىرىدىن زارالىزا، قار لەيلىسى، سوغىگۈل، ئالقات قاتارلىقلار، قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، نېفىت، مايلىق سلانېتس، تۆمۈر، خروم، مىس، سىنك، ئالتۇن قاتارلىق 37 خىلى بار. كۆمۈر زاپىسى 16 مىليارد 300 مىليون توننىغا، ھاك تېشى زاپىسى 20 مىليارد توننىغا، مىس زاپىسى 174 مىليون توننىغا يېتىدۇ.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جېن شېڭخۇي؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: لى فۇيۈەن (خۇيزۇ)، چېن چىڭيۇڭ، مىڭ چۈەنجيې (9 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جاڭ جىخېڭ (11 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: جۇ جيەنخۇا (خۇيزۇ)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ياڭ دېتەي، بەيسارا (ئايال، قازاق)، ۋاڭ پېيخۇا (ئايال، خۇيزۇ)، جاڭ پىڭ، روزى ناسىر، جۇ ۋېنكۇي (خۇيزۇ).

ئوبلاست باشلىقى: لى فۇيۈەن (خۇيزۇ)؛ مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقلىرى: گو ليەنشەن (11 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جاڭ جىخېڭ (11 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، قانىبات (قازاق)، مېڭ جاۋتىڭ، مەھەممەت داۋۇت، ما دېڭفاڭ (خۇيزۇ).

سىياسىي كېڭەش 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ليۇ سۇگۈلىن؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: لۇ خېڭزۇ، يۇ شاڭجى، ئابدۇرېشىت، لى يۇگۈلىن، رۇڭ چىڭشۈەن، سەلىم (قازاق)، خەي چېڭزۇ (خۇيزۇ)، لى چېڭيۈەن (خۇيزۇ).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى ئوبلاست بويىچە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليارد 29 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 2 مىليارد 816 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 12.38% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)؛ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 726 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 8.44% ئاشتى. 1 مىليون 6931 توننا ئاشلىق، 62 مىڭ 210 توننا ياغلىق دان، 82 مىڭ 500 توننا پاختا، 263 مىڭ 139 توننا قىزىلچا، 13 مىڭ 926 توننا مېۋە - چېۋە، 784 مىڭ توننا كۆكتات ئېلىندى. 7400 گېكتار يەردە لاياقەتلىك ئورمان بەرپا قىلىندى. بىر يىلدا 127 مىڭ توننا گۆش، 80 مىڭ 500 توننا سۈت، 6300 توننا قوي يۇڭى، 25 مىڭ 700 توننا تۇخۇم ئېلىندى. ئوبلاست بويىچە چوڭ، ئوتتۇرا تىراكتوردىن 6284ى، كىچىك تىراكتوردىن 45 مىڭ 356 سى، دېھقانچىلىق سۇ چىقىرىۋېتىش - سۇغىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان ئېنېرگىيە ماشىنىسىدىن 5824ى بار. يېزىلاردا 435 مىليون كىلوۋات سائەت توك ئىشلىتىلدى. 358 قۇدۇق قېزىلدى. 858 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى. 7830 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى. ئېتىز - ئېرىق، سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 120 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا - بازار كارخانىسى 38 مىڭ 285 كە، تىجارەت كىرىمى 7 مىليارد 486 مىليون يۈەنگە، پايدىسى 418 مىليون يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 7 مىليارد 388 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 5 مىليارد 526 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 11.14% ئاشتى؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 24 مىليون يۈەنگە يېتىپ 12.54% ئاشتى. سانائەت مەھسۇلات قىممىتى ئىچىدە ئوبلاستقا قاراشلىق سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليارد 503 مىليون يۈەن. بىر يىلدا 3 مىليارد 979 مىليون كىلوۋات سائەت توك، 5 مىليون 925 مىڭ 800 توننا كۆمۈر، 26 مىڭ 717 توننا پاختا يىپ، 8325 توننا فابرىكا قەغىزى، 33 مىڭ 436 توننا قەغەز پەنەركە، 50 مىڭ 352 توننا شېكەر، 16 مىڭ 763 توننا ئىچىملىك - ھاراق (بۇنىڭ ئىچىدە ئاق ھاراق 7326 توننا)، 69 مىڭ 223 توننا سۇ يېغى، 125 مىڭ 511 توننا تەڭشەلگەن ئارىلاشما يەم - بوغۇز، 1 مىليون 430 مىڭ توننا سېمونت، 12 مىڭ 832 توننا چويۈن، 4 مىليون 50 مىڭ كىلوۋولت ئامپېرلىق ترانسفورماتور، 180 مىڭ كىلوۋاتلىق ئۆزگىرىشچان توك ئېلېكترو دۋىگاتېلى ئىشلەپچىقىرىلدى. ئوبلاست بويىچە سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 95.4% بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 0.5 پىرسەنت پوئىنتى

### خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | | 110.37 | 9.3 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 39.64 | 8.65 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 38.30 | 10.7 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 32.43 | 8.28 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 1006931 | 1.85 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 355.57 | 8.79 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | | 68.9 | 6.77 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (تۈمەن كىلوۋات) | | 116.84 | 1.32 |
| تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن دوللار) | | 4583.2 | 62.92 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (100 مىليون يۈەن) | | 28.25 | 7.33 |
| شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (100 مىليون يۈەن) | | 101.91 | 10.46 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (100 مىليون يۈەن) | | 4.78 | 12.5 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (100 مىليون يۈەن) | | 7.73 | 10.27 |

**ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى، نوپۇس، سەھىيىگە دائىر كۆرسەتكۈچلەر بېكىتۈەن، شەرقىي شىنجاڭ نېفىت قوماندانلىق شتابىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، باشقا كۆرسەتكۈچلەر بۇنىڭ سىرتىدا. ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 5 مىليارد 894 مىليون يۈەن.**

تۈۋەنلىدى. ئوبلاست بويىچە 956 كارخانىنىڭ تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلدى، ئۆزگەرتىلىش دائىرىسى %95كە يەتتى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 2 مىليارد 243 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئوبلاستنىڭ تۈرلىرىگە سېلىنغىنى 1 مىليارد 783 مىليون يۈەن. ئىقتىسادىي تىپ بويىچە ئايرىغاندا دۆلەت ئىلكىدىكى ئىگىلىككە سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليارد 131 مىليون يۈەن، شەھەر - يېزىلاردىكى كوللېكتىپ ئىگىلىككە سېلىنغان مەبلەغ 246 مىليون يۈەن، باشقا ئىگىلىككە سېلىنغان مەبلەغ 866 مىليون يۈەن. مەبلەغ سېلىشنى باشقۇرۇش يولى بويىچە ئايرىغاندا ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليارد 77 مىليون يۈەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ 545 مىليون يۈەن، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغان مەبلەغ 100 مىليون يۈەن. تۈنجى گۇرۇھى، ئالاھىدە ترانسفورماتور پاي شىركىتى ۋە شىنجاڭ «تيەنلۇڭ» سېمونت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدىن ئىبارەت 3 كارخانا 357 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى. نۇقتىلىق تۈرلەرنىڭ قۇرۇلۇشى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلدى. بىر يىلدا 5 مىليون يۈەنلىكتىن يۇقىرى تۈردىن 95ى ئاماملاندى، بۇلارغا 1 مىليارد 465 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئوبلاست بويىچە 275 تۈر پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، 1 مىليارد 615 مىليون يۈەن تۇراقلىق مۈلۈك مەبلىغى يېڭىدىن كۆپەيدى. يېڭىدىن كۆپەيگەن ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى مۇنۇلار: تۇرۇبىدا توشۇلغان تەبىئىي گاز 90 مىليون كۇب مېتىر، يىلىغا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان سېمونت 300 مىڭ توننا، سۇلياۋ دېۋىرقاي ۋە پولىمېرلانغان ماددىلار 14 مىڭ توننا، ئامباردا ساقلىنىدىغان ئاشلىق 10 مىڭ توننا، شەھەرنى ئىسسىتىش ئىقتىدارى: پار 180 توننا/سائەت، قايناقسۇ 178.2 مېگاۋات/سائەت. شەھەرلەردىكى كېڭەيتىلگەن يول 28.83 كىلومېتىر. ئوبلاست بويىچە يېڭىدىن تەستىقلانغان تاشقى مەبلەغدىن پايدىلىنىش تۈرى 4 بولۇپ، 4 مىليون 900 مىڭ دوللار كىرگۈزۈش توختامى تۈزۈلگەنىدى، ئەمەلىيەتتە 950 مىڭ دوللار نەقلەشتى. ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىقىدا شۇ يىلى ئىمزالانغان تۈر 127 ئىدى، 1999 - يىلى 143 تۈر ئىجرا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى تۈر 70. ئوبلاستنىڭ يىللىق ئېكسپورت سوممىسى 26 مىليون 900 مىڭ دوللارغا يەتتى. 1999 - يىلى توشۇلغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 1 مىليارد 427 مىليون 381 مىڭ 800

ئادەم ـ كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 1 مىليارد 912 مىليون 33 مىڭ 400 توننا ـ كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا ـ تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 298 مىليون يۈەنگە يەتتى. تېلېفون ئابونېنتىدىن 34 مىڭ 184ى كۆپەيدى، تېلېفوننىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى جەھەتتە ھەر 100 ئادەمگە 13 تىن تېلېفون توغرا كەلدى، يانتېلېفون ئابونېنتى 22 مىڭغا يەتتى. جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى سوممىسى 4 مىليارد 854 مىليون يۈەنگە، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 55 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە يەتتى، جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ ئۆمۈر سۇغۇرتىسىغا 220 مىڭ ئادەم يېڭىدىن قاتناشتى، 50 مىليون 500 مىڭ يۈەن سۇغۇرتا ھەققى كۆپەيدى، 5 مىليون 90 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى، قەرەلى توشقانلارغا 7 مىليون 640 مىڭ يۈەن بېرىلدى. شۇ يىلى مەملىكەت ئىچى ـ سىرتىدىن كەلگەن ساياھەتچىدىن 610 مىڭ ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە چەت ئەللىك ساياھەتچى 15 مىڭ ئادەم (قېتىم). ساياھەتچىلىكتىن 75 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى.

## پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ئوبلاست بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن ـ تېخنىكا خادىمى 9417 (مىللىي 1894)، 582 ئىلمىي تەتقىقات تۈرى، 1 مىليون 100 مىڭ يۈەن 3 تۈرلۈك پەن ـ تېخنىكا خىراجىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. دۆلەتنىڭ 3 پەن ـ تېخنىكا تۈرى، ئاپتونوم رايوننىڭ 18 پەن ـ تېخنىكا تۈرى قولغا كەلتۈرۈلدى. 28 تۈرلۈك پەن ـ تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى سانجى ئوبلاستىنىڭ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئوبلاستتىكى ئالىي مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 3740 (مىللىي 793)؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم 12، ئوقۇغۇچىسى 4352 (مىللىي 1306)؛ تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى بىر، ئوقۇغۇچىسى 691 (مىللىي 162)؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 132، ئوقۇغۇچىسى 68 مىڭ 429 (مىللىي 21 مىڭ 894)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ 7، ئوقۇغۇچىسى 2640 (مىللىي 425)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 409، ئوقۇغۇچىسى 124 مىڭ 428 (مىللىي 44 مىڭ 545)؛ باللار باغچىسى 94 (خۇسۇسىي باغچا 46)، باغچىدىكى بالا 17 مىڭ 858 (مىللىي 2784)؛ گاس ـ گاچىلار مەكتىپى بىر، ئوقۇغۇچىسى 107 (مىللىي 16). مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 16 مىڭ 100 (مىللىي 6013). دېھقانلار مەدەنىيەت ـ تېخنىكا مەكتىپى 80، ئوقۇغان ۋە تەربىيىلەنگەنلەر 125 مىڭ 185. 9 ـ ئايدا مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى قۇرامىغا يەتكەن ساۋاتسىزلارنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىش خىزمىتى دۆلەتنىڭ ئاربلاپ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى، بۇ ــ ئوبلاست بويىچە قۇرامىغا يەتكەن ساۋاتسىزلارنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن قالمىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. 1999 ـ يىلى سانجى ئوبلاستىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى مەملىكەت، ئاپتونوم رايون، ئوبلاست بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن پەنلەر مۇسابىقىلىرىگە قاتنىشىپ 4225 ئادەم (قېتىم) مەملىكەت بويىچە، 1617 ئادەم (قېتىم) ئاپتونوم رايون بويىچە، 1001 ئادەم (قېتىم) سانجى ئوبلاستى بويىچە مۇكاپاتلاندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %97كە يەتتى. 1998 ـ يىل 8 ـ ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن جۇڭگو 7 ـ نۆۋەتلىك «لوكى» فوتو سەنئەت مۇكاپاتلىق مۇسابىقىسىدە، تەن چېڭجۈننىڭ «مۇساپە» ناملىق ئەسىرى 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئوبلاست بويىچە 734 سەھىيە ـ تېببىي داۋالاش ئاپپاراتى (دوختۇرخانا، شىپاخانا 119)، 5013 كارىۋات، 7933 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ۋراچ 2484؛ 1999 ـ يىلى سانجى ئوبلاستىنىڭ تەنھەرىكەتچىلىرى مەملىكەتلىك 9 ـ نۆۋەتلىك قىشلىق تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە، تەنتەربىيە ئەخلاق پەزىلىتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ مەملىكەتلىك 6 ـ نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە قازاق ئايال تەنھەرىكەتچى بىر كۈمۈش مېدال ئالدى. ئاپتونوم رايونلۇق 2 ـ نۆۋەتلىك مېيىپلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە، ئوبلاست تەنھەرىكەتچىلىرى 9 ئالتۇن مېدال، 3 كۈمۈش مېدال، 4 مىس مېدال ئالدى، كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇردا 1 ـ لىككە ئېرىشتى؛ ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە، 59 ئالتۇن مېدال، 15 كۈمۈش مېدال، 34 مىس مېدال ئالدى، ئومۇمىي نومۇردا ئاپتونوم رايون بويىچە 2 ـ بولدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق تەيجى گۇڭپۇ مۇسابىقىسىدە، كوللېكتىپ تۈرلەردە 2 ـ ۋە 3 ـ بولدى، 16 تەنھەرىكەتچى ئالدىنقى 6 ـ لىككە كىردى ھەمدە مەنىۋى مەدەنىي كوماندا دېگەن نامغا ئېرىشتى. ئوبلاست بويىچە 82 قېتىم ناھىيە ـ شەھەر دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 45 مىڭ ئادەم (قېتىم) قاتناشتى. 26 قېتىم ناھىيە ـ شەھەر دەرىجىلىك دېھقان ـ چارۋىچىلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 4000 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى. 1999 ـ يىلى دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسى سانجى ئوبلاستىغا مەملىكەت بويىچە ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش پائالىيىتىدىكى مۇنەۋۋەر تەشكىللىگۈچى مۇكاپاتى بەردى. ئوبلاست بويىچە «دۆلەتلىك تەنتەربىيىدە چېنىقىش ئۆلچىمى»گە يەتكەن ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 126 مىڭ 545كە، ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى

%96.4كە يەتتى.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا 2965 يۈەندىن ساپ كىرىم توغرا كەلدى. خىزمەتچى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مائاشى 7459 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا شەھەر - بازارلاردا 9731 كىشى تىزىملاندى، ئوبلاست بويىچە 20 كەسىپ تونۇشتۇرۇش ئاپپاراتى بار. بىر يىلدا شەھەر - بازارلاردا 7903 ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئوبلاست بويىچە 20 مىڭ 118 يېتىم - يېسىر، بوۋاي - موماي، مېيىپ، بالا كوللېكتىپ تەرىپىدىن بېقىلدى. 18 مىڭ 418 ئادەم (قېتىم) دۆلەتنىڭ قۇتقۇزۇشىغا ئېرىشتى. بىر يىلدا 40 قۇرۇلۇش تۈرى مۇھىتقا تەسىر كۆرسىتىش جەھەتتىكى باھالاش - تەكشۈرۈپ تەستىقلاشتىن ئۆتتى، ئىجرا قىلىنىش نىسبىتى %95كە يەتتى، بۇ تۈرلەرگە 970 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە مۇھىت ئاسراشقا سېلىنغىنى 17 مىليون 500 مىڭ يۈەن. ئوبلاست بويىچە يېڭىدىن شەكىللەنگەن كىرەكسىز سۇنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى يىلىغا 3 مىليون 120 مىڭ توننا، كىرەكسىز گازنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى يىلىغا 576 مىليون كۇب مېتىر، قاتتىق كىرەكسىز نەرسىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى يىلىغا 18 مىڭ توننا. 1999 - يىلى يېڭىدىن پۈتكەن ۋە كېڭەيتىلگەن 13 تۈر مۇھىت ئاسراش بويىچە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى.

خۇاڭ مېي

☆ شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ باش لىدېرى، باش دىرېكتورى جاڭ شىن 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە 3 - نۆۋەتلىك كۆزگە كۆرۈنگەن يەن - تېخنىكىدا ئىگىلىك ياراتقۇچى (مۇنەۋۋەر) ياش بولۇپ باھالاندى.

☆ 1999 - يىلى شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور پاي چەكلىك شىركىتىگە جۇڭگو كارخانا باشقۇرۇش جەمئىيىتى تەرىپىدىن «جۇڭگونىڭ كارخانا باشقۇرۇشىغا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقۇچى مۇكاپاتى» بېرىلدى.

ياڭ مىڭ

# سانجى شەھىرى

## ئاساسىي ئەھۋالى

سانجى شەھىرى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان ئارىلىق مۇساپىسى 35 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق بازار 3، يېزا 7، مەھەللە ئىش باشقارمىسى 4، مەيدان 2. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 6 - شىنىنىڭ شەھەردە تۇرۇشلۇق نوپۇسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 349 مىڭ 320 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 81 مىڭ 69)؛ يېزا نوپۇسى 80 مىڭ 58؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰10.65، ئۆلۈش نىسبىتى ‰2.98، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰7.67. شەھەر بويىچە 46 مىڭ 800 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 13 مىڭ 300 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 30 مىڭ 200 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى كىلىماتىغا كىرىدۇ.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ سانجى شەھەرلىك 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋاڭ شۇگېن.

5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: خەن شېڭلۇ (خۇيزۇ).

شەھەر باشلىقى: ما جۇچىڭ (خۇيزۇ).

سىياسىي كېڭەش 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: فېڭ خەيمىڭ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى شەھەر بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 87 مىليون 660 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 591 مىليون 810 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1998- يىلدىكىدىن %10.62 (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) ئاشتى. 100 مىڭ 419 توننا ئاشلىق، 57 مىڭ 417 توننا قىزىلچا، 10 مىڭ 543 توننا ياغلىق دان، 9833 توننا پاختا، 728 توننا قۇلماق، 301 مىڭ 875 توننا قوغۇن - تاۋۇز، 6806 توننا مېۋە - چېۋە، 2145 توننا تاۋۇز گازىرى ئېلىندى. شۇ يىلى 3.413 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 690 مىڭ تۈپ مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىلدى، تۈت ئەتراپىغا 533 مىڭ 500 تۈپ كۆچەت تىكىلدى. بىر يىلدا 21 مىڭ 764 توننا گۆش، 22 مىڭ 125 توننا سۈت، 2498 توننا تۇخۇم، 859 توننا يۇڭ، 11.28 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 10 مىڭ 635 پارچە كالا تېرىسى، 80 مىڭ 640 پارچە قوي تېرىسى، 13 مىڭ 661 پارچە ئۆچكە تېرىسى، 108 كىلوگرام يۇمران بۇغا مۈڭگۈزى ئېلىندى. سۇ مەھسۇلاتلىرىنى بېقىش كۆلىمى 25 مىليون 839 مىڭ كۇادرات مېتىر بولۇپ، 7050 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى.

## خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 ـ يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 261262 | 12.76 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 65023 | 6.3 |
| | 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 107594 | 17.9 |
| | 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى(تۈمەن يۈەن) | 88645 | 10.2 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (تونىنا) | | 100419 | —0.11 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 48.52 | 10 |
| يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 97218 | 60.11 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (تۈمەن كىلوۋات) | | 13.82 | —3.3 |
| تاشقى سودا ئىمپورت ـ ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن دوللار) | | 877.5 | 32.51 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 68120 | 6.35 |
| شەھەر ـ يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 195880 | 11.76 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 12424 | 19.67 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 11325 | 11.42 |

**ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 6 ـ شىسى ۋە ئاپتونوم رايون، سانجى ئوبلاستىنىڭ شەھەردە تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىنى شۇنىڭ ئىچىدە) 1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 1 مىليارد 486 مىليون 550 مىڭ يۈەن.**

بىر يىلدا ئېتىز ـ ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 4 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 127.8 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىق ـ ئۆستەڭ ياسالدى، 1070 گېكتار بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈلدى، يورۇكوپ، تامچىلىتىپ سۇغىرىلىدىغان 1066.7 گېكتار يەر كۆپەيتىلدى. 2 مىليون 190 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 11 يەردە كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، سۇنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشى ياسىلىپ، 5700 ئادەم ۋە 9400 تۇياق چارۋىنىڭ سۇ مەسىلىسى ھەل قىلىندى. 5 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، يېڭىدىن 39.4 كىلومېتىر يېزا ـ كەنت تاشيولى ياسالدى. يېزا ـ بازار كارخانىسى 5319غا، ئادىمى 21 مىڭ 474 كە، كىرىمى 1 مىليارد 96 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 347 مىليون 840 مىڭ يۈەن (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 1 مىليارد 98 مىليون 460 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن %8.97 ئاشتى. بىر يىلدا 1 مىليون 55 مىڭ تونىنا كۆمۈر، 911 مىڭ 500 تونىنا سېمونت، 4515 كۇب مېتىر سېمونت قۇيۇلما، 213 مىليون 610 مىڭ دانە خىش، 1850 تونىنا فابرىكا قەغىزى، 13 مىڭ 916 تونىنا گۆشگۈرت كىسلاتاسى (ساپقا سۈندۈرۈلدى)، 2647 تونىنا فوسفورلۇق ئوغۇت، 1579 تونىنا سىر، 5740 تونىنا سۇلياۋ ياسالما، 45 مىڭ 12 ساندۇق تاختا ئەينەك، 3891 دانە ۋېلىسىپىت(?) تاختىسى، 4 مىليون 46 مىڭ 700 كىلوۋولت ئامپېرلىق ترانسفورماتور، 65 مىڭ تونىنا بۇغداي ئۇنى، 17مىڭ 399 تونىنا سۇ يېغى، 52 مىڭ 286 تونىنا تەڭشەلگەن ئارىلاشقا يەم ـ خەشەك، 133 مىڭ قۇر ئىلمە ـ توقۇلما كىيىم ـ كېچەك، 186 مىڭ دانە ئۆي جاھازىسى ئىشلەپچىقىرىلدى. بىر يىلدا ئىچكى ئىقتىساد ـ تېخنىكا توختام (كېلىشىم) ىدىن 8ى ئىمزالاندى. 99' ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىدە 27 توختام ئىمزالاندى، پۈتۈشۈلگەن سومما 268 مىليون يۈەنگە يەتتى. 25 تۈرگە يېڭىدىن تۈتۈش قىلىندى ۋە ئۇ كېڭەيتىلدى، ئىشلەپچىقىرىشتىن توختاپ قالغان 10 كارخانا جانلاندۇرۇلدى. «تەڭرىتاغ» ماركىلىق ئۇن ئاپتونوم رايوننىڭ داڭلىق تاۋار ماركىسى بولۇپ باھالاندى.

ۋېكلىيۇچاتېل ئېلېكتر سايمانلىرى شىركىتى ISO9002 خەلقئارالىق سۈپەت تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى. ئالاھىدە ترانسفورماتور، شەھەرلىك كۆمۈركان قاتارلىق 5 تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى ئاساسەن تاماملاندى. 110 كىلوۋولتلۇق چوڭ ترانسفورماتور، يۇقىرى بېسىملىق ئايلانما تور ئىشكابى قاتارلىق 9 يېڭى مەھسۇلات كەشىپ قىلىندى. سانجى شەھىرى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن يېزا ئىگىلىكىنىڭ كەسىپلىشىشىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئۈلگە شەھەرلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. ئالاھىدە ترانسفورماتور پاي چەكلىك شىركىتى دۆلەت دەرىجىلىك يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا كارخانىسى دەپ بېكىتىلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 1 مىليارد 86 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شەھەر ئۇل مۇئەسسەسەلىرىگە 39 مىليون 900 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 1000 مېتىر يول ياسالدى، 48 كوچا چىرىغى ئورنىتىلدى، 2000 مېتىر يۇندا تۇرۇبىسى، 1800 مېتىر سۇ بىلەن تەمىنلەش تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلدى. بىر يىلدا يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 430 مىليون 740 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 483 مىليون 750 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 82 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە، تېلېفون 47 مىڭ 685كە، سىمسىز چاقىرغۇ ئابونېنتى 22 مىڭغا، يانتېلېفون ئابونېنتى 10 مىڭ 467 گە، بازارلاردا پۈتۈشۈلگەن سودا سوممىسى 895 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

شەھەر بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 1037 (مىللىي 164). 57 پەن - تېخنىكا تۈرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، 13 تۈر سانجى ئوبلاستىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بىر يىلدا 535 قارار ھەر خىل كۇرس ئېچىلىپ، 36 مىڭ 315 ئادەم تەربىيىلەندى؛ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پەن - تېخنىكىدا ئۈلگە يېزىدىن بىرى، ئوبلاست دەرىجىلىك ئۈلگە يېزىدىن ئىككىسى، پەن - تېخنىكىدا ئۈلگە كەنتتىن 65ى بەرپا قىلىندى. پەن - تېخنىكىدا ئۈلگە ئائىلە 3758گە يەتكۈزۈلدى. شەھەردىكى (ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلار ۋە شەھەردە تۇرۇشلۇق ئورۇنلار بۇنىڭ سىرتىدا) باشلانغۇچ مەكتەپ 59 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 5)، ئوقۇغۇچىسى 16 مىڭ 273 (مىللىي 6477)؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 17 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 4)، ئوقۇغۇچىسى 6597 (مىللىي 2289)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 1019 (مىللىي 246)؛ باللار باغچىسى 5، باغچىدىكى بالا 2099 (مىللىي 375). ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2661 (مىللىي 678). رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %99كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98كە يەتتى، يېڭىدىن سىملىق تېلېۋىزىيە تورىغا كىرگەن ئائىلە 4000غا يەتتى. يۇقىرى ئۆلچەملىك مەدەنىيەت ئۆيىدىن 17 سى قۇرۇلدى. شەھەر بويىچە 11 مەدەنىيەت مەركىزى بار. شەھەرلىك «مايسىلار» سەنئەت ئۆمىكى 99' «مۇلايىم كالا لوڭقىسى»نى تاللاش بويىچە ئۆسمۈرلەر ئۇسسۇل مۇسابىقىسىگە قاتناشتى، «ئوت بالا» ناملىق ئۇسسۇل 1 - دەرىجىلىك ئاكتىيورلۇق مۇكاپاتىغا ۋە 2 - دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۆسمۈرلەر سارىيى كوماندىسى شىنجاڭ بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن «قۇياش ئارىلى» لوڭقىسىنى تاللاش ئۆسمۈرلەر مۇزىكا مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، 4 كىشى 2 -، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. شەھەر (يەرلىك) دىكى تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى 37، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 1942، كارىۋات 1129. بىر يىلدا ئاپتونوم ئوبلاستتىن يۇقىرى تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىگە قاتنىشىپ 20 ئالتۇن مېدال (ئاپتونوم رايوننىڭ رېكورتىنى بۇزۇش ئارقىلىق ئېلىنغان 3 ئالتۇن مېدالمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 11 كۈمۈش مېدال، 8 مىس مېدال ئېلىندى. لىيۇ گۇڭ يېزىسى مەملىكەت بويىچە مىليونلىغان دېھقاننىڭ بەدەن ساغلاملىقىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ دېگەن نامغا ئېرىشتى. سانجى شەھىرى مەملىكەت بويىچە ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى نەمۇنە شەھەر، ئاپتونوم رايون بويىچە مەدەنىي شەھەر، ئاپتونوم رايون بويىچە باغ - ۋارانلاشقان شەھەر قاتارلىق ناملارغا ئېرىشتى.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 3570 يۈەنگە يەتتى. شەھەر بويىچە 45مىڭ 776 ئىشچى - خىزمەتچى بار بولۇپ، ئۇلارغا بىر يىلدا 375 مىليون 580 مىڭ يۈەن مائاش تارقىتىلدى. تۈرلۈك سۇغۇرتا سوممىسى 6 مىليارد 355 مىليون يۈەنگە، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 60 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە، تۆلەم سوممىسى 21 مىليون 19 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا 832 مىڭ 800 يۈەن ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى پۇلى تارقىتىلدى. شەھەر بويىچە شەھەرگە بىۋاستە قاراشلىق 47 ئارماق 312 نامرات ئائىلىنى يۆلىدى. شۇ يىلى مۇھىت بۇلغىنىشىنى تۈزەش تۈرىدىن 63ى تاماملاندى. شەھەر بويىچە كۆكەرتىلگەن كۆلەم 495.74 گېكتارغا، شەھەرنىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %35.6كە يەتتى. شەھەر بويىچە ئاممىۋى كۆكلەمزار كۆلىمى 102.55 گېكتار بولۇپ، كىشى بېشىغا 6.51 كۋادرات مېتىردىن توغرا كەلدى.

دۇ خۇيبىيەن، ۋاڭ جىچىڭ

# مىچۈەن شەھىرى

## ئاساسىي ئەھۋالى

مىچۈەن شەھىرى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 17 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999- يىلى شەھەرگە قاراشلىق بازار 5، يېزا بىر، مەھەللە ئىش باشقارمىسى 3. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 170 مىڭ 400 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 63 مىڭ 500)، يېزا نوپۇسى 107 مىڭ 400؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰13.66، ئۆلۈش نىسبىتى ‰3.95، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰9.71. شەھەر بويىچە 21 مىڭ 257 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 9000 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 5700 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

مىچۈەن شەھىرى شىنجاڭ بويىچە ئاساسلىق شال چىقىدىغان جايلارنىڭ بىرى. شەھەر بويىچە يەر ئۈستى سۇ بايلىقى 125 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. تاغلىق رايونلاردا 3188 گېكتار ئورمانلىق بار. ئوتلاق كۆلىمى 360 مىڭ 900 گېكتار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈنۈملۈك پايدىلىنىلىۋاتقان ئوتلاق كۆلىمى 284 مىڭ 900 گېكتار. ياۋايى ھايۋانلىرىدىن ياۋا تۇڭگۇز، جەرەن، سۇغۇر، ئۆلار، بۇغا قاتارلىقلار، ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن سوغىگۈل، قانتېپەر، ھەڭ، قار لەيلىسى، چۈچۈكبۇيا، ئالقات قاتارلىقلار، قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى كۆمۈر، ھاك تېشى، تۆمۈر رۇدىسى، ساپال توپىسى، شور قاتارلىقلار بار. ھاك تېشىنىڭ زاپىسى تەخمىنەن 500 مىليون توننىغا، كۆمۈر زاپىسى 1 مىليارد 800 مىليون توننىغا يېتىدۇ، دېمەك بۇ شەھەر مەملىكەت بويىچە كۆمۈر چىقىدىغان نۇقتىلىق ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ مىچۈەن شەھەرلىك 2- نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى؛ لى فېڭچېڭ.

2 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ماجۈن (خۇيزۇ).

شەھەر باشلىقى: لى فېڭچېڭ (خۇيزۇ، 3 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ما شيۇڭچېڭ (خۇيزۇ، 3 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش 2 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ليۇ چۈسەي.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى شەھەر بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 401 مىليون 727 مىڭ 600 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 204 مىليون 888 مىڭ 100 يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %10.46 ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 75 مىڭ 406 توننا ئاشلىق (بۇنىڭ ئىچىدە شال 63 مىڭ 610 توننا)، 3538 توننا ياغلىق دان، 550 توننا پاختا، 10 مىڭ 988 توننا قىزىلچا، 79 مىڭ 659 توننا كۆكتات، 769 توننا ياڭيۇ، 8942 توننا قوغۇن - تاۋۇز، 901 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. شۇ يىلى 186 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 29 گېكتار يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى، پارچە - پۇرات يەرلەرگە 450 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى. بىر يىلدا 13 مىڭ 408 توننا گۆش، 4302 توننا كالا سۈتى، 209 توننا قوي سۈتى، 247 توننا قوي يۇڭى، 36 توننا چۇپۇر، 9.42 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 2594 پارچە كالا تېرىسى، 21 مىڭ 222 پارچە قوي تېرىسى، 4516 توننا تۇخۇم، 1548 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. شۇ يىلى ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 13 مىليون 553 مىڭ 600 يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 10.95 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى، 13 كىلومېتىر زەيكەش چېپىلدى، 23 كىلومېتىر ئېرىقنىڭ لاتقىسى تازىلاندى، 420 كىلومېتىر ھەر خىل سۇغىرىش ئېرىقى تۈزەشتۈرۈلدى، يېڭىدىن 37 يۇرۇشلەشكەن ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، 28 ماشىنىلاشقان قۇدۇق چوڭقۇرلىتىلدى ۋە ئۆزگەرتىلدى، 380 ماشىنىلاشقان قۇدۇق رېمونت قىلىندى. يېڭىدىن كۆپەيگەن تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 2367 گېكتار، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن ئېچىلغان بوز يەر 1046 گېكتار. بىر يىلدا يېزىلاردا 54 مىليون 790 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 9377 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت (ساپ مىقدارى)، 53.46 توننا دېھقانچىلىق دورىسى، 498 توننا دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۇلياۋ يوپۇق ئىشلىتىلدى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى كىرىمى 2 مىليارد 646 مىليون 830 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 691 مىليون 880 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 1 مىليارد 443 مىليون 120 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %15.05 ئاشتى. بىر يىلدا 2 مىليون 40 مىڭ توننا كۆمۈر، 14 مىڭ 800 توننا كوكس، 82 مىڭ توننا سېمونت، 27 مىڭ 800 كۇب مېتىر سېمونت قۇيۇلما، 10 مىڭ 428 توننا پولات ماتېرىيال، 213 مىليون 870 مىڭ

## خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 67461 | 10.7 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 12354 | 11.7 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 37004 | 8.3 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 18103 | 15.1 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 75406 | 0.09 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 21.35 | 9.99 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 147868 | 10.3 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (تۈمەن كىلوۋات) | | 11.78 | 13.82 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (100 مىليون يۈەن) | | 5.37 | 7.83 |
| شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (100 مىليون يۈەن) | | 9.67 | 10.26 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 6077 | 6.88 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 9035 | 17.26 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى.

دانە خىش، 1250 كۋادرات مېتىر گىلەم، 30 توننا ئىسپىرتسىز ئىچىملىك، 145 توننا ئىچىملىك ھاراق، 38 مىڭ 743 توننا تەڭشەلگەن ئارىلاشما يەم - خەشەك، 2102 توننا گۈرۈچ، 535 توننا بىرىكمە كىر يۇيۇش سۇيۇقلۇقى، 1110 توننا سۇلياۋ ياسالما ئىشلەپچىقىرىلدى. بىر يىلدا تۇراقلىق مۈلۈككە 298 مىليون 810 مىڭ يۈەن، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا 111 مىليون 70 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش تۈرلىرىگە 49 مىليون 770 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بىناكارلىق كەسپىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى مەھسۇلات قىممىتى 199 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئۆي - زېمىن قۇرۇلۇشىغا 10 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 312 مىڭ 900 كۋادرات مېتىرلىق ئۆي قۇرۇلۇشى قىلىندى (بۇنىڭ ئىچىدە تۇرالغۇ ئۆي 132 مىڭ 100 كۋادرات مېتىر). شەھەر بويىچە سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ جەلپ قىلىشقا ئائىت 65 تۈر ئەمەلىيلەشتى. توختام ئىمزالانغان تۈرلەرگە 204 مىليون 700 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 5 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنغان تۈرلەر مۇنۇلار: 550 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ئابدىمىلىكنى ئۇنىۋېرسال پىششىقلاش تۈرى، 30 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان يۇقىرى چاستوتىلىق كەپشەر تۇرۇبىسى زاۋۇتى، 14 مىليون 840 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان فىزىكىلىق باكتېرىيە ئۆلتۈرۈش سۇيۇقلۇقى تۈرى، 11 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان «لۇڭيۈەن» رېستورانى قۇرۇش تۈرى، 5 مىليون 900 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان مىس ماتېرىياللىرى پىششىقلاش زاۋۇتى تۈرى، 5 مىليون 900 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان گۆڭگۈرتلەشتۈرۈلگەن سېمونت لاي خۇرۇجى تۈرى، 5 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ئۈچەي زاۋۇتى تۈرى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بىر يىلدا 31 مىليون 50 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، شەھەر - يېزا ئېلېكتر تورى ئومۇميۈزلۈك ئۆزگەرتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 14 مىليون 450 مىڭ يۈەن، شەھەر ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 16 مىليون 600 مىڭ يۈەن. بىر يىلدا تاشيولدا توشۇلغان يۈك 1 مىليون 280 مىڭ تونناغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 67 مىليون 200 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، توشۇلغان يولۇچى 10 مىليون 910 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 112 مىليون 900 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 33 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە پوچتىنىڭ 2 مىليون 405 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدىكى پروگراممىلىق تېلېفون 19 مىڭ

208 توچكىغا، پوچتا - تېلېگراف پۇل ئامانىتىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 60 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

شەھەر بويىچە كەسپىي ئورۇنلاردىكى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 3499، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار 1041 (ئالىي دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار بىر، كاندىدات ئالىي دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 140). شۇ يىلى شەھەر بويىچە 38 پەن - تېخنىكا تۈرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى (بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىك تۈر بىر، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تۈرى 4، ئوبلاست دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تۈرى 3، شەھەر دەرىجىلىك تۈر 30)، بۇلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان 3 تۈرلۈك پەن - تېخنىكا خىراجىتى 1 مىليون يۈەن. شەھەرلىك «قوش ئەجدىھار» شىركىتى 10 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالغان چىرىندا كىلاتاسى ئىشلەپچىقىرىش تۈرى ئاپتونوم رايوننىڭ «مەشئەل» پىلانىغا كىرگۈزۈلدى. شەھەرلىك «شىنۇڭ» هايۋانات دورىلىرى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى تەرىپىدىن «ئۇچقۇن» پىلانى بويىچە پەن - تېخنىكىدا ئۈلگە كارخانا دەپ باھالاندى. بىر يىلدا شەھەر بويىچە ھەرخىل ئەسقاتىدىغان تېخنىكا ۋە پەن - تېخنىكا بىلىملىرى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسىدىن 699 قارار ئېچىلىپ، 39 مىڭ 673 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى. شەھەردىكى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 165 (مىللىي 46)، ئوقۇتقۇچىسى 95 (مىللىي 17)؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 10، ئوقۇغۇچىسى 10 مىڭ 193 (مىللىي 3770)، ئوقۇتقۇچىسى 977 (مىللىي 236)؛ ئادەتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 57، ئوقۇغۇچىسى 16 مىڭ 386 (مىللىي 7296)، ئوقۇتقۇچىسى 1266 (مىللىي 520)؛ باللار باغچىسى 29، باغچىدىكى بالا 1789، باغچا ئوقۇتقۇچىسى 151 (مىللىي 60). رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %96كە يەتتى. شەھەردىكى تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى 150، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 680، كارىۋات 276. شەھەر بويىچە 20 مەيدان (قېتىم) چوڭ، ئوتتۇرا تىپلىق مەدەنىيەت پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇلدى. 40 مەيدان ئويۇن قويۇلدى، تاماشىبىن 45 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. سانجى ئوبلاستلىق ئۆسمۈرلەر - باللار يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە مىچۈەن شەھىرى كوماندىسى 5 ئالتۇن مېدال، 3 كۈمۈش مېدال، 4 مىس مېدال ئالدى. شەھەر كوماندىسى سانجى ئوبلاستلىق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋاسكېتبول مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ قىزلار كوماندىسى 1-، ئوغۇللار كوماندىسى 2 - بولدى. شەخسلەرنىڭ مەبلەغ سېلىشىغا مەدەت بېرىلىپ 20 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش ئارقىلىق سۇ ئۈزۈش سارىيى، 4 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ بولىن توپ سارىيى، 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ قارىغا ئېتىش مەيدانى ياسالدى.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى يېزا ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 3360 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 7302 يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا يىللىق سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 18 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 7 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە، تۆلەم چىقىمى 4 مىليون 160 مىڭ يۈەنگە، جىسمانىي سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 10 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە، تۆلەم چىقىمى 2 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مۇھىت بۇلغىنىشىنى چەكلەش مۇددەت ئىچىدە تۈزەش تۈرىدىن 8 ى تاماملاندى. 4 مىليون 578 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 8.8 كۋادرات مېتىرلىق ئىس - تۈتەك تىزگىنلەنگەن رايون قۇرۇلدى. شەھەر رايونىنىڭ سۇ يەتكۈزۈش تورۇبىسى بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %95كە، يۇندا تورۇبىسى بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %73.9كە، يوللارنىڭ ساق تۇرۇش نىسبىتى %98كە، گازلاشتۇرۇش نىسبىتى %87كە يەتتى. شەھەر رايونىدا يېڭىدىن 150 مىڭ كۋادرات مېتىر يەر كۆكەرتىلدى. شەھەر رايونىدىكى كۆكەرتىلگەن يەر 1 مىليون 170 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، شەھەر رايونىنىڭ كۆكەرتىلىش نىسبىتى %13كە يەتتى.

☆ «تۆڭخۇي» بازىرىدا 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى تىجارەت باشلاندى. بۇ بازار ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 30 گېكتار بولۇپ، 20 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇ بازاردا چارۋا، تېرە - يۇڭ، كۆكتات ۋە ئاپتوموبىل سودىسى قاتارلىق سودىلار قىلىنىدۇ.

☆ مىچۈەن شەھىرىنىڭ تېچاڭگو كەنتىدىكى كۆمۈركاندا 10 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ئالاھىدە زور گۈمۈرۈلۈش ھادىسىسى يۈز بېرىپ 17 كان ئىشچىسى ئۆلدى.

لىۋ يىڭ، جاڭ دېڭخۇا

# فۇكاڭ شەھىرى

## ئاساسىي ئەھۋالى

فۇكاڭ شەھىرى تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي بۆلىكىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي - جەنۇبىي

چېتىگە جايلاشقان. ئۇزۇنچى شەھىرىنىڭچە بولغان ئاشيول مۇساپىسى 57 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق بازار 4، يېزا 3، مەيدان 2، مەھەللە ئىش باشقارمىسى 3. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 151 مىڭ 308 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 39 مىڭ 792)، يېزا نوپۇسى 76 مىڭ 408؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰11.61، ئۆلۈش نىسبىتى ‰4.05، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰7.56. شەھەر بويىچە 20 مىڭ 100 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 9700 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 11 مىڭ 300 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

فۇكاڭ شەھىرىدىكى ئېگىز تاغلىق رايوندا 54 مۇزلۇق بولۇپ، كۆلىمى 55 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. تەۋەسىدىكى نېفىتنىڭ نەزەرىيىۋى زاپىسى نەچچە 10 مىليارد تونناغا، تەبىئىي گاز زاپىسى نەچچە 100 مىليارد تونناغا، كۆمۈر زاپىسى 6 مىليارد 900 مىليون تونناغا يېتىدۇ. يىلپىز، ئۇلار، سۇلەيسۇن، بۇغا قاتارلىق ياۋايى ھايۋان 200 خىلدىن ئاشىدۇ. 70 نەچچە خىل ياۋا ئۆسۈملۈك بار بولۇپ، ئاساسلىق دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن قارلەيلىسى، كىرەش، قانتېپەر، سوغىگۈل، ھىلق، پەرمەدىكى قاتارلىقلار بار. بوغدا كۆلى مەنزىرە رايونىنىڭ كۆلىمى 185 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، دۆلەت دەرىجىلىك مەنزىرە رايونى ھېسابلىنىدۇ.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ فۇكاڭ شەھەرلىك 2 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لى ۋېنفا (7 - ئايدا ۋاپات بولدى)، ۋاڭ گوشىن (9 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

2 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: لى ۋېنفا (7 - ئايدا ۋاپات بولدى).

شەھەر باشلىقى: يىن گۇاڭلىڭ.

سىياسىي كېڭەش 2 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: شى جۇنيىڭ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى شەھەر بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 313 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| | تۈرلەر | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| | ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 58720 | 10.4 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 18889 | 4.81 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 17890 | 16.1 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 21941 | 6.4 |
| | ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | 78116 | —10 |
| | يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | 33.1 | 3.4 |
| | يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 29578 | 2.4 |
| | دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | 97320 | 2.3 |
| | ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | 43100 | 6.6 |
| | شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | 49927 | 2.1 |
| | يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | 6474 | 9.2 |
| | يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | 6631 | 2.7 |

ئىزاھ: جەدۋەلدىكى مەھسۇلات قىممىتى شەھەرگە تەۋە قىسمىنى كۆرسىتىدۇ. ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 341 مىليون 340 مىڭ يۈەن. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ 112 مىليون 360 مىڭ يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ 117 مىليون 880 مىڭ يۈەن، 3 - كەسىپنىڭ 111 مىليون 100 مىڭ يۈەن. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 233 مىليون 660 مىڭ يۈەن.

باھا بويىچە 186 مىلىيون يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %8.3 ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 78 مىڭ 100 توننا ئاشلىق، 5749 توننا ياغلىق دان، 2060 توننا پاختا، 3100 توننا قىزىلچا، 83 مىڭ 300 توننا كۆكتات ئېلىندى. شۇ يىلى 478 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 1122 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. بىر يىلدا 11 مىڭ 800 توننا گۆش، 3621 توننا سۈت، 644 توننا قوي يۇڭى، 1769 توننا تۇخۇم ئېلىندى، 332 توننا بېلىق تۇتۇلدى. شۇ يىلى 134.73 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى. 50 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، 206.6 گېكتار بوز يەر ئېچىلدى، سۇغىرىش كۆلىمى 73.3 گېكتار كۆپەيتىلدى. شەھەر بويىچە يېزا - بازار كارخانىسى 4470 كە، كىرىمى 725 مىلىيون يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 437 مىلىيون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 325 مىلىيون يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %9.42 ئاشتى؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 125 مىلىيون 140 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %17.7 ئاشتى. بىر يىلدا 50 مىلىيون 230 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 1 مىلىيون 173 مىڭ توننا كۆمۈر، 1 مىلىيون 520 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى، 59 مىڭ 500 توننا بۇغداي ئۇنى، 9841 توننا سۇ يېغى، 6681 توننا تەڭشەلگەن ئارىلاشما يەم - خەشەك، 30 مىڭ كۇب مېتىر تىلىنغان ياغاچ ماتېرىيال، 88 مىڭ 600 دانە ئۆي جاھازىسى، 78 مىڭ قۇر كىيىم - كېچەك، 212 توننا سۇلياۋ تۇرۇبا، 21 مىڭ دانە كۆندىلىك چاقچۇق بۇيۇم، 1446 توننا خىمىيىۋى سۇيۇق دورا، 83 توننا خىمىيىۋى دېھقانچىلىق دورىسى، 8100 توننا سېمونت، 121 مىڭ توننا كوكس، 154 مىلىيون دانە خىش، 35 توننا ئاق ھاراق، 446 توننا جىياڭيۇ، 1958 توننا فابرىكا قەغىزى ۋە قەغەز پەنەركە، 1630 توننا سۇلياۋ ياسالما، 3000 توننا تەييار پولات ماتېرىيال ئىشلەپچىقىرىلدى. «تيەنباۋ» پەمىدۇر قىيامى شىركىتى 23 مىلىيون يۈەن مەبلەغ سېلىپ قۇرغان پەمىدۇر قىيامى زاۋۇتىدا شۇ يىلى 1673 توننا پەمىدۇر قىيامى ئىشلەپچىقىرىلىپ، مەھسۇلات قىممىتى 6 مىلىيون 690 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا) گە يەتكۈزۈلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 303 مىلىيون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 46 مىلىيون 890 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىغان يېزا ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىغا شۇ يىلى 29 مىلىيون 210 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 35 كىلوۋولتلۇق توك يەتكۈزۈش - بېسىم ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىدىن 4 ى قۇرۇلدى. 543 كىلومېتىر توك سىمى تارتىلدى ۋە ئۆزگەرتىلدى. بىر يىلدا يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 94 مىلىيون 930 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 170 مىلىيون 490 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 23 مىلىيون 490 مىڭ يۈەن ئورۇندالدى، شەھەر رايونىدىكى ئاساسلىق كوچىلارغا IC كارتوچكىلىق ئاممىۋى تېلېفون ئورنىتىلدى. يىل ئاخىرىدىكى پروگراممىلىق تېلېفون 44 مىڭ 800 توچكىغا يەتتى. بىر يىلدا مەملىكەت ئىچى - سىرتىدىن كەلگەن 380 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىنىپ، 12 مىلىيون 750 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

شەھەر بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم 777 (ئالىي ئۇنۋانى بارلار 61). شۇ يىلى پەن تەتقىقات تۈرىدىن 47 سى ئورۇندالدى، 5 تۈر سانجى ئوبلاستىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. شەھەردىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 41، ئوقۇتۇش نۇقتىسى 20، ئوقۇغۇچىسى 11 مىڭ 552 (مىللىي 3833)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 12، ئوقۇغۇچىسى 6678 (مىللىي 1994)؛ بالىلار باغچىسى 7، باغچىدىكى بالا 1224 (مىللىي 183)؛ كەسپىي تېخنىكوم مەكتىپى بىر، ئوقۇغۇچىسى 658 (مىللىي 49). ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 1709 (مىللىي 513). رادىئو - تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100كە يەتتى. شۇ يىلى يېڭىدىن بىر مەدەنىيەت مەركىزى قۇرۇلدى. شەھەر بويىچە 107 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى (شەھەرگە بىۋاسىتە قارايدىغىنى 4، يېزا - بازار شىپاخانىسى 8، كەنت دەرىجىلىك داۋالاش ئورنى 31، زاۋۇت، كان، مەكتەپلەرنىڭ داۋالاش ئۆيى 12، يەككە ئامبۇلاتورىيە 52)، 417 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 364 كارىۋات بار. فۇكاڭ شەھىرى مەملىكەت بويىچە چىش كېسەللىكلىرىدىن مۇداپىئە كۆرۈش - داۋالاشتىكى ئىلغار ناھىيە (شەھەر) دېگەن نامغا ئېرىشتى. شۇ يىلى فۇكاڭ شەھىرىنىڭ تېز مۇز تېيىلىش كوماندىسى ئاپتونوم رايونلۇق مۇسابىقىگە قاتنىشىپ، بىر ئالتۇن مېدال، 7 كۈمۈش مېدال، 8 مىس مېدال ئالدى، سانجى ئوبلاستىغا ۋەكىل بولۇپ ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك تېز مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، 18 ئالتۇن مېدال، 2 كۈمۈش مېدال ئالدى.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرمۇش خىراجىتى كىرىمى 3838 يۈەنگە، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ساپ كىرىمى 3109 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق پۇل مائاشى 6655 يۈەنگە يەتتى. مال - مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى

3 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە، جەمئىي سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 9 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە 2 مىليون 273 مىڭ يۈەن، جەمئىي سۇغۇرتا بويىچە 1 مىليون 335 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى ۋە پۇل بېرىلدى. بىر يىلدا 99 ئورۇندىن 3226 ئىشچى - خىزمەتچى جەمئىيەتنىڭ ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتۇرۇلۇپ، 6 مىليون 537 مىڭ يۈەن ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى ھەققى يىغىۋېلىندى، 6 مىليون 220 مىڭ يۈەن ياشانغاندا كۈتۈنۈش پۇلى تارقىتىلدى. 109 ئورۇندىن 7290 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشتۇرۇلۇپ، 743 مىڭ يۈەن ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى ھەققى يىغىۋېلىندى، 87 مىڭ يۈەن ئىشسىزلىق قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىلدى. شۇ يىلى 450 ئىشچى - خىزمەتچى تارقاقلاشتۇرۇلۇپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. شەھەر بويىچە ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغانلار 31 بولۇپ، 20 كىشى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتى. شۇ يىلى 32 كىشى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. شەھەردىكى «ئۈچ يوق» كىشىلەر، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار كارخانىلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار كارخانىلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر، قۇتقۇزۇش ئوبيېكتلىرى، كەسپى يوق ئائىلە ئەزالىرىدىن بولۇپ 40 ئائىلىدىكى 136 كىشى ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش بىخەتەرلىك تورىغا كىرگۈزۈلدى، ئۇلارغا 47 مىڭ 940 يۈەن ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى. ياشانغانلار ساناتورىيىسىدىن 4ى بار بولۇپ، 46 ياشانغان كىشى قوبۇل قىلىندى، ساناتورىيىلەرنىڭ يىللىق كىرىمى 89 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا 4 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ مۇھىت بۇلغىنىشىنى چەكلەش مۇددەتتە تۈزەش تۈرىدىن 5ى تاماملاندى، 62.4 كۋادرات مېتىر ئىس - تۈتەك تىزگىنلەنگەن كۆلەم بەرپا قىلىندى، 23 مىڭ 800 كۋادرات مېتىر يېشىللىق يېڭىدىن كۆپەيتىلدى، شەھەرنىڭ باغۋارانلاشتۇرۇلۇش نىسبىتى 36%.30كە يەتتى. مەملىكەت بويىچە تەپتىش ئورگانلىرىدا قانات يايدۇرۇلغان «بەشتە ياخشى» ۋە خەلق رازى بولىدىغان تەپتىش مەھكىمىسى، خەلق رازى بولىدىغان تەپتىش كادىرى بولۇشنى تاللىشىش پائالىيىتىدە فۇكاڭ شەھەرلىك تەپتىش مەھكىمىسىگە ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى خەلق رازى بولىدىغان تەپتىش مەھكىمىسى دەپ نام بەردى.

☆ 12 - ئايدا ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى فۇكاڭ شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسىگە كوللېكتىپ 1 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ تۆھپە يازدى ھەمدە 5 كادىر - ساقچى شەرەپ بىلەن 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى.

جۇ جيەنئەن، دۇەن جيافېن

# ماناس ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

ماناس ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي - جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان ئارىلىق مۇساپىسى 134 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 6، يېزا 6، مەيدان 2. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 129 مىڭ 168 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 28 مىڭ 241)، يېزا نوپۇسى 87 مىڭ 758؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 13.3‰، ئۆلۈش نىسبىتى 4.24‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 9.06‰. ناھىيە بويىچە 45 مىڭ 161.6 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 43 مىڭ 66 گېكتار يەر تېرىلدى، 26 مىڭ 633 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ماناس ناھىيىسى دۆلەتنىڭ ئاشلىق - پاختا بازا ناھىيىسى ھېسابلىنىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدىكى سۇ بايلىقى 501 مىليون 530 مىڭ 400 كۇب مېتىرغا يېتىدۇ، ھازىرغىچە 471 مىليون 939 مىڭ 300 كۇب مېتىر سۇدىن پايدىلىنىلدى. 167 مىڭ 800 گېكتار تەبىئىي ئورمان بار، ئۆسۈۋاتقان ياغاچ زاپىسى 3 مىليون 307 مىڭ 400 كۇب مېتىرغا، پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئوتلاق كۆلىمى 534 مىڭ گېكتارغا يېتىدۇ. ئەتىۋارلىق ھايۋانلاردىن ئۇلار، شۈڭقار، بۇغا، قوڭغۇر ئېيىق قاتارلىقلار، ئاساسلىق دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن قار لەيلىسى، رەۋەن، قانتېپەر، كەتىرا، پەربۇن، سوغىگۈل، چۈچۈكبۇيا قاتارلىق 280 نەچچە خىلى، قېزىلما بايلىقلاردىن ھازىرغىچە ئېنىقلانغان، سانائەتتە ئېچىپ پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە بولغانلىرىدىن پىرىت، مىس، ئالتۇن، قاشتېشى، كۆمۈر قاتارلىقلار بار (كۆمۈرنىڭ زاپىسى 1 مىليارد 600 مىليون توننىدىن ئاشىدۇ). ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن ئاساسلىقى تاش دەرياسى تاشقوۋۇق سۇلۇقسايىدىكى قىياتاش رەسىملىرى، سار چوققا قىياتاش رەسىملىرى، كىرمەنسىلىق ياغاچ ساياھەت نۇقتىسى، تاش دەرياسى شارقىراتمىسى، تاش دەرياسى دومىلاق تۆبە قەدىمكى قەبرىستانلىقى (ساكلار دەۋرىگە مەنسۇپ يادىكارلىق)، ئون تۆتۈن گەممىسى مەنزىرە رايونى، چېلۇگۇ مەنزىرە رايونى، بېيۇۋچا قۇملۇق مەنزىرە رايونى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ماناس ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: پېڭ جيارۇي.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: پېڭ جيارۇي.

ھاكىم: ۋاڭ ۋېي.

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: فېي خۇيىڭ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 112 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 601 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %47 .9 ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 93 مىڭ 752 توننا ئاشلىق، 3524 توننا ياغلىق دان، 46 مىڭ 620 توننا پاختا ئېلىندى. 873.3 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، بىر يىلدا 16 مىڭ 48 توننا گۆش، 803 توننا قوي يۇڭى، 8506 توننا سۈت، 11 مىڭ 173 توننا تۇخۇم، 1550 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 53 مىليون 650 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 101.7 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى، 27 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، 296 كۆۋرۈك سېلىندى، 549 سۇ ئۆتكۈچ، 1118 چۈشۈرگە ياسالدى. 6533.33 گېكتار يەردە يۇقىرى ئۆلچەملىك سالا ئېتىز بەرپا قىلىندى، 162 كىلومېتىر يول ياسالدى. 1666.67 گېكتار بوزيەر ئېچىلدى. 1333.33 گېكتار تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز ئۆزگەرتىلدى. شۇ يىلى يېڭىدىن 670 گېكتار سۇغىرىش كۆلىمى كۆپەيتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن پۈركۈپ سۇغىرىش كۆلىمى 120 گېكتار. 9066.67 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ كىرىمى 1 مىليارد 40 مىليون يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 585 مىليون 380 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 408 مىليون 420 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %36 .16 ئاشتى؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 125 مىليون يۈەنگە

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 70500 | 8.63 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 36200 | 10.1 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 15400 | 4.1 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 18900 | 9.9 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 93752 | —9.6 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 40.79 | 2.88 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 79430 | —1.13 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (تۈمەن كىلوۋات) | | 17.44 | 2.59 |
| تاشقى سودا ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 2089 | |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 30800 | 5.15 |
| شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (100 مىليون يۈەن) | | 10.60 | 4.91 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 6652 | 8.83 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 8126 | 1.08 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 705 مىليون يۈەن.

يېتىپ، %15.8 ئاشتى. بىر يىلدا 3 مىليارد 760 مىليون 80 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 500 مىڭ توننا كۆمۈر، 47 مىڭ 500 توننا ساپ پاختا، 3444 توننا پاختا يىپ، 8972 توننا پاختا يوتقىسى ئارزىقى، 2107 توننا فابرىكا قەغىزى، 7730 توننا پەمىدۇر قىيامى، 35 مىڭ 500 توننا ئۇن ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 333 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %4.37 ئاشتى. نۇقتىلىق تۈرلەرنىڭ قۇرۇلۇشى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ 9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇشى بولغان تاش دەرياسى تاش قوۋۇق سۇ ئامبىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا 81 مىليون 560 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، قۇرۇلۇشنىڭ %50ى تاماملاندى. ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى تارماقلىرى 74 مىليون 270 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، بازار - يېزىلارنىڭ ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتتى؛ تېلېگراف تارماقلىرى 11 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، چارۋىچىلىق رايونىدىكى 3 يېزىغا تېلېفون ئۇلاشتۇردى؛ ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتۇش بىناسى قۇرۇلۇشى، «312» دۆلەت تاشيولىنىڭ كوچىدىن ئۆتكەن قىسمى ۋە ماكانلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تۇرالغۇ ئۆي بىناسى قۇرۇلۇشى شۇنداقلا جەنۇبىي «نۇرلۇق» يولى، تەييارلىق كوچىسىنى ئۆزگەرتىش قاتارلىق ئەمەلىي تۈرلەر ئومۇميۈزلۈك تاماملاندى. «شىنتيەن» خەلقئارا ئۈزۈم ھارىقى چەكلىك شىركىتى كېڭەيتىلىپ، مەھسۇلاتى 5000 توننىغا يەتكۈزۈلدى، بۇنىڭغا 88 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بىر يىلدا يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 937 مىليون 970 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 185 مىليون 764 مىڭ 700 توننا - كىلومېتىرغا، پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 22 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى پروگراممىلىق تېلېفون سىغىمچانلىقى 36 مىڭ توچكىغا، ئورنىتىلغان تېلېفون 27 مىڭ 593كە، ھەر 100 ئائىلىگە توغرا كېلىدىغان تېلېفون 62.4كە، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 42 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە، بازار سودىسىدا پۈتۈشۈلگەن سومما 68 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم 849 (ئوقۇتقۇچى، سىياسىي خىزمەت ئوقۇتقۇچىلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە). شۇ يىلى ئوبلاست دەرىجىلىك پەن تەتقىقات تۈرىدىن 5ى تاماملاندى. ئاساسلىق تۈرلەردىن شال مايسىسىنى ئېتىپ تىكىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش ۋە ئۇنى كېڭەيتىش، ئېگىز ئورۇندا كۆممىقوناق ئېرىش تېخنىكىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش، ئاپتونوم رايوننىڭ ماناس دەرياسى ۋادىسىدا ئاشلىق، پاختىنى مول ھوسۇللۇق ئۆستۈرۈش ۋە كېمەللىك زىيانداش - ھاشاراتلاردىن ھەر تەرەپلىمە مۇداپىئەلىنىش - تىزگىنلەش قاتارلىقلار بار. ناھىيىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 37 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 9)، ئوقۇغۇچىسى 12 مىڭ 848 (مىللىي 2679). باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 859 (مىللىي 306)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 20 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 6)، ئوقۇغۇچىسى 6878 (مىللىي 1785)، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 565 (مىللىي 246)؛ بالىلار باغچىسى 7، باغچىدىكى بالا 1478، باغچا ئوقۇتقۇچىسى 93؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇتقۇچىسى 28. شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 4 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98كە يەتتى. 6 - ئايدا ش ئۇ ئا ر مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى يېتەكچىلىك كومىتېتى ماناس ناھىيىسىگە «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ناھىيە» دەپ نام بەردى. 9- ئايدا مەركىزىي مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى يېتەكچىلىك كومىتېتى «مەملىكەت بويىچە مەدەنىي كەنت - بازار بەرپا قىلىش خىزمىتىدىكى ئىلغار ناھىيە» دەپ نام بەردى. ناھىيە بويىچە 17 سەھىيە - تېببىي داۋالاش ئاپپاراتى، 424 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 226 كارىۋات بار. سانجى ئوبلاستى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ياشلار - ئۆسمۈرلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە 6 ئالتۇن مېدال، 2 كۈمۈش مېدال، 19 مىس مېدال قولغا كەلتۈرۈلدى.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 4158 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 8004 يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا سۇغۇرتا كەسپىنىڭ سۇغۇرتىلاش سوممىسى 900 مىليون يۈەنگە، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 9 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە، مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەم سوممىسى 3 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە، جىسمانىي سۇغۇرتا بويىچە تۆلەم سوممىسى ۋە بېرىلگەن پۇل 540 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا مۇھىت بۇلغىنىشىنى چەكلەش مۇددىتىدە تۈزەش بويىچە 6 كىچىك پارقازان چېقىپ تاشلاندى. تەمىنات - سودا كوپىراتىپى 2 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ قۇرغان 10 تونىنلىق پار قازان پۈتۈپ، پار بىلەن تەمىنلەشكە باشلىدى. ماناس ئېلېكتر ئىستانسىسى، پەمىدۇر قىيامى زاۋۇتىنىڭ پار قازىنىنىڭ كىرەكسىز گاز قويۇپ بېرىشى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈلدى. ناھىيە

بازىرىنىڭ باغۋارانلاشتۇرۇلۇش كۆلىمى 12 گېكتارغا يەتتى.

جاۋ جىنخۇا

# قۇتۇبى ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

قۇتۇبى ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 76 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 4، يېزا 3، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانى (فېرمىسى) 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 199 مىڭ 439 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 43 مىڭ 944)، ناھىيىگە قاراشلىق يېزا نوپۇسى 74 مىڭ 809؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 12.45‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 7.95‰. ناھىيە بويىچە 38 مىڭ 800 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 13 مىڭ 800 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 21 مىڭ 600 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى.

قۇتۇبى ناھىيىسىدە ئىقتىسادىي زىرائەتلەردىن پاختا، تاۋۇز، قارا گازىر، كۆك تاماكا ئاساس قىلىنىدۇ. ئاساسلىق دەريا - ئېقىنلاردىن قۇتۇبى دەرياسى، چۇ ئېرگۇ دەرياسى بار، يىللىق ئېقىن مىقدارى 503 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. ھازىر ئېنىقلانغان ۋە ئېچىپ پايدىلىنىلىۋاتقان ئاساسلىق قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، نېفىت، تەبىئىي گازلار بار. داڭلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن كالڭ ئائىلىسى تاش قوۋۇق قىياتاش رەسىملىرى، تاشقەلئەلەر بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قۇتۇبى ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: يۈەن جۈن.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: يۈەن جۈن.

ھاكىم: لى تيېمىڭ.

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ياۋ ۋېنبىن.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى (تېرىقچىلىقنىلا ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) 430 مىليون 474 مىڭ 300 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 275 مىليون 4700 يۈەن)گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 12.26% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 100 مىڭ 208 توننا ئاشلىق، 2660 توننا ياغلىق دان، 22 مىڭ 172 توننا پاختا، 54 مىڭ 638 توننا قىزىلچا ئېلىنىدى. 840 گېكتار يەردە لاياقەتلىك ئورمان بەرپا قىلىنىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىقتىسادىي ئورمان كۆلىمى 120 گېكتار. بىر يىلدا 14 مىڭ 100 توننا گۆش، 31 مىڭ 500 توننا سۈت، 846.8 توننا قوي يۇڭى، 14.2 توننا چۇپۇر، 5394 كىلوگرام ئۆچكە تىۋىتى، 13 مىڭ 461 پارچە كالا تېرىسى، 56 مىڭ 928 پارچە قوي تېرىسى، 7856 پارچە ئۆچكە تېرىسى، 715 توننا تۇخۇم، 2450 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىنىدى. ناھىيە بويىچە ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 17 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىنىپ، 71.4 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى. 24.67 گېكتار يەردە سۇنى تېجەپ تامچىلىتىپ سۇغىرىش قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلدى، 19 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، 22 ماشىنىلاشقان قۇدۇق يېڭىلاندى، 6280 گېكتار يەر تۈزلەندى، 172 كىلومېتىر يولغا شېغىل ياتقۇزۇلدى. 1 مىليون 600 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىنىپ، قۇتۇبى دەرياسىدا 520 مېتىر كەلكۈن توسمىسى ياسالدى، قىزىلتاغ سۇ ئامبىرىدا 4.25 كىلومېتىرلىق كەلكۈن ئاققۇزۇش ئېرىقى چېپىلدى. 8 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىنىپ، قىسمەن بازار - يېزىلارنىڭ ئېلېكتر تورى ئۆزگەرتىلدى. 7 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىنىپ، 266 ھەرخىل تراكتور، 2059 چوڭ، ئوتتۇرا دېھقانچىلىق سايمىنى سېتىۋېلىنىدى. قاشالانغان ئوتلاق 9200 گېكتار بولۇپ، شۇ يىلى يېڭىدىن 1000 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى. يېزا - بازار كارخانىسى 6156گە، كىرىمى 1 مىليارد 54 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 600 مىليون 344 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 407 مىليون 700 مىڭ يۈەن)گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 11% ئاشتى؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 78 مىليون 307 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 7.44% ئاشتى. بىر يىلدا 703 مىڭ 800 توننا كۆمۈر، 19 مىڭ 500 توننا سېمونت، 2548 توننا ئاق ھاراق، 12 مىڭ 698 توننا پاختا يىپ، 57 مىڭ پار خۇرۇم ئاياغ، 172 مىڭ 600 قۇر كىيىم - كېچەك، 19 مىڭ 630 دانە ياغاچ ئۆي جاھازىسى، 4043 توننا قەغەز بويۇم ئىشلەپچىقىرىلدى، تەڭرىتاغ پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ يەل ئۇرچۇقىنىڭ تېخنىكىسىنى ئۆزگەرتىش قاتارلىق 7 تۈر تاماملاندى، بۇ تۈرلەرگە 34 مىليون 580 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى. بىر يىلدا 21 كارخانىنىڭ تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلدى، ناھىيە بويىچە تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلگەن

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 130089.54 | 11.5 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 60162.24 | 38.5 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 26743.90 | —13.7 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 43183.40 | —5.1 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 100208 | —1.58 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 44.27 | 10.1 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 110021 | 7.92 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 166800 | 2.96 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 29600 | 2.74 |
| بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 64361 | 0.1 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 4112 | 5.76 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 6005 | 3.41 |

**ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 698 مىليون 250 مىڭ يۈەن.**

كارخانا 102 گە يەتتى. 5 تۈر شۇ يىلى قۇرۇلۇپ شۇ يىلى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە 5 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنغان تۈرلەر مۇنۇلار: شىنجاڭ «شىنىنبي» بىئولوگىيىلىك بۇيۇملار چەكلىك شىركىتى 48 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ يېڭىدىن مەۋزە شىرنىسى ئۈرالمىلىرى، ئەينەك شىشە ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى ۋە پاسىلداق قۇتىلىق ئىچىملىك ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى قۇردى؛ شىنجاڭ «تيەنلۇڭ» سېمونت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 15 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، يىللىق مەھسۇلاتى 150 مىڭ توننىلىق سېمونت زاۋۇتى قۇردى؛ سىچۈەن «رۇڭشىن» ئوقەتچىلىك پاي چەكلىك شىركىتى 20 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، تەبىئىي گازنى ئائىلىلەرگىچە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى قىلدى. جەمئىيەت بويىچە تۈراقلىق مۈلۈككە 146 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 99' ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىدە ھەرخىل ئىقتىسادىي توختام، كېلىشىمدىن 23ى ئىمزالاندى، پۇتۇشۇش سوممىسى 638 مىليون يۈەنگە يەتتى، يىل ئاخىرىغا قەدەر توختامغا ئەمەل قىلىنىش سوممىسى 199 مىليون يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلدىكى ئاشقى ئىقتىساد ھەمكارلىق تۈرلىرى ئاساسلىقى مۇنۇلار: سىچۈەن «رۇڭشىن» پاي چەكلىك شىركىتى قۇتۇبى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ مەبلەغ سېلىپ قۇتۇبى ناھىيىسىدە كۈنىگە 4000 كۇب مېتىر تەبىئىي گازنى بىر تەرەپ قىلالايدىغان گاز قاچىلاش پونكىتى قۇرىدىغان بولدى، بۇنىڭغا كىرگۈزۈلىدىغان 5 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ نەقلەشتى. شەندۇڭ يۈنچېڭ «فېڭفېڭ» سۈلياۋ ياسالمىلىرى چەكلىك شىركىتى مەبلەغ سېلىپ ئەرشىلدىيەن بازىرىدا دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۈلياۋ يوپۇق ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى قۇرۇدىغان بولدى، بۇنىڭغا كىرگۈزۈلىدىغان 2 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ نەقلەشتى. خۇنەن ئۆلكىسى «دۇڭيۇڭ» دورا زاۋۇتى قۇتۇبى «يۇلۇڭ» بىئولوگىيىلىك دېھقانچىلىق دورىسى زاۋۇتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، دېھقانچىلىق دورىسى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى قۇرىدىغان بولدى، بۇنىڭغا كىرگۈزۈلىدىغان 1 مىليون 360 مىڭ يۈەن مەبلەغ نەقلەشتى. بىر يىلدا قاتناش - ترانسپورت سىستېمىسى توشۇغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 19 مىليون 700 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 6 مىليون 400 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 21 مىليون

380 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى پروگراممىلىق تېلېفون 24 مىڭ 901 توچكىغا، بازار سودىسىدا پۈتۈشۈلگەن سومما 107 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيىدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 860. شۇ يىلى ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پەن تەتقىقات تۈرىدىن 4 نى تاماملاندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايوننىڭ «ئۇچقۇن» پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن تۈر 2، ئۇلار 15 مىڭ كالىنى سويۇپ پارچىلاپ پىششىقلاش تېخنىكىسى تەرەققىيات تۈرى ۋە كېرەكسىز پاختىنى بىر تەرەپ قىلىش تۈرىدىن ئىبارەت. 11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكى قوتۇبى ناھىيىسىگە «مەملىكەت بويىچە پەن - تېخنىكا خىزمىتىدىكى ئىلغار ناھىيە» دەپ نام بەردى. ناھىيە (نەسىللىك كالا فېرمىسى بۇنىڭ سىرتىدا) دىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 13، ئوقۇغۇچىسى 6373 (مىللىي 2412)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 47، ئوقۇغۇچىسى 13 مىڭ 678 (مىللىي 5679)، ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 1516 (مىللىي 628). رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 100%كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 98.5%كە يەتتى. كەنت - ئەترەتلەردە 12 مەدەنىيەت ئۆيى قۇرۇلدى. ناھىيە بويىچە 66 سەھىيە - تېببىي داۋالاش ئاپپاراتى، 186 كارىۋات، 387 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار (ئىجتىمائىي كۈچلەر ئاچقان شىپاخانا ۋە ناھىيىدە تۇرۇشلۇق ئورۇنلارنىڭ شىپاخانىلىرىدىكى خادىملار بۇنىڭ سىرتىدا). شۇ يىلى تۇنجى نۆۋەتلىك ئىشچى - خىزمەتچىلەر يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ۋە سانجى ئوبلاستلىق 12 - نۆۋەتلىك ياشانغانلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3699 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق پۇل مائاشى 6837 يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 4 مىليون 395 مىڭ 100 يۈەنگە، جىسمانىي سۇغۇرتىسىنىڭ سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 7 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە 2 مىليون 466 مىڭ 300 يۈەن، جىسمانىي سۇغۇرتا بويىچە 423 مىڭ يۈەن، ئۆلگەن ۋە يارىلانغانلار ئۈچۈن 620 مىڭ يۈەن تۆلەم ۋە پۇل بېرىلدى. ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قاپلاش نىسبىتى 80.4%كە، ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنىڭ بازارلاردىكى دۆلەت، كوللېكتىپ كارخانىلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى قاپلاش نىسبىتى 100%كە يەتتى. ناھىيە بويىچە 199 ئائىلە ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولدى. بىر يىلدا 778 كىشى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، 154 مىڭ يۈەن نامراتلارنى يۆلەش پۇلى تارقىتىلدى، 16 مىڭ 200 يۈەن قىممىتىدىكى قۇتقۇزۇش بۇيۇمى تارقىتىپ بېرىلدى. نامرات ئائىلىلەردىن ئېلىنىدىغان 30 مىڭ يۈەن ھەرخىل ھەق كەچۈرۈم قىلىندى. قوتۇبى ناھىيىسى 12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن ئاپتونوم رايونلۇق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتىدىكى ئىلغار ناھىيە بولۇپ باھالاندى. شۇ يىلى 249 ئائىلىلىك چارۋىچى ئولتۇراقلاشتۇرۇلدى، چارۋىچىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش نىسبىتى 89.6%كە يەتتى. 3 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 20 كىلومېتىر كەنت - يېزا يولى ئاسفالتلاشتۇرۇلدى. 1 مىليون 450 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ناھىيە بازىرىدا 1.93 كىلومېتىر يول ياسالدى. 1 مىليون 340 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ناھىيە بازىرىدا 3.4 كىلومېتىر سۇ بىلەن تەمىنلەش تۇرۇبىسى، 1.8 كىلومېتىر يۇندا تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلدى. 2 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ ناھىيە بازىرىدىكى سىملىق تېلېۋىزىيە ئوپتىك كابېلىنى ئۆزگەرتىش ۋە ناھىيە، يېزا، كەنتلەردىكى قىسمەن 2 - دەرىجىلىك ئوپتىك كابېللارنى تۇتاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى تاماملاندى. 400 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنىپ، 170 ئائىلىدىكى 682 ئادەم ۋە 2100 تۇياق چارۋىنىڭ ئىچىملىك سۇ مەسىلىسى ھەل قىلىندى.

☆ 4 - ئاينىڭ 22 — 24 - كۈنىگىچە ئۇدا يامغۇر، قار يېغىپ تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەپ ئۈششۈك پەيدا بولغانلىقتىن، قوتۇبى ناھىيىسىدە 3853.3 گېكتار يەردىكى كېۋەز، 100 گېكتار يەردىكى قۇرۇق يەرگە تېرىلغان كۆممىقوناق، 25.3 گېكتار يەردىكى كۆكتات ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئۈششۈكنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، 4 مىليون 33 مىڭ يۈەنلىك بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان كېلىپ چىقتى.

☆ 1999 - يىل 3 - ئايدا قوتۇبى ناھىيىسىدە ئۇچۇر مەركىزى قۇرۇلدى.

جاڭ لى

# جىمسار ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

جىمسار ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي بۆلىكىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي

چېتىگە جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 165 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 3، يېزا 6. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۇەننىڭ ناھىيىدە تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىدىكى نوپۇس بۇنىڭ سىرتىدا) 114 مىڭ 984 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 35 مىڭ 691)، يېزا نوپۇسى 89 مىڭ 544؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 9.56‰، ئۆلۈش نىسبىتى 3.95‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 5.61‰. ناھىيە بويىچە 32 مىڭ 400 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 19 مىڭ 500 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 11 مىڭ 600 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

جىمسار ناھىيىسىدە يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلاردىن سامساق، زاراڭزا، بۆلجۈرگەن، ياڭيۇ، دادۇرلار بار. داڭلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن ۋۇسەيۇەندىكى شامال يالاپ كەتكەن ئالاھىدە قىياپەتتىكى يەرلەر، دۆلەت دەرىجىلىك قارامايلى تېغى ياۋايى ھايۋان تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، جۇڭگو پېرژىۋالىسكى ياۋا ئېتىنى كۆپەيتىپ بېقىش مەركىزى، تاڭ دەۋرىدىكى بېشبالىق قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى قەلئەسى خارابىسى قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ جىمسار ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋاڭ گوشىن (9 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى).

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: لىن دېگۈي.

ھاكىم: جاڭ فېڭشەن.

سىياسىي كېڭەش 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: لى خۇەيبىن

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 458 مىليون 754 مىڭ 500 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 241 مىليون 229 مىڭ 200 يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 21.45% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 107 مىڭ 370 توننا ئاشلىق، 110 مىڭ 900 توننا ياغلىق دان، 16 مىڭ 657 توننا قىزىلچا، 2945 توننا زاراڭزا تېۋىتى، 450 توننا بۆلجۈرگەن، 1400 توننا سامساق، 1284 توننا قىچا، 684.1 توننا مايلىق ئاپتاپپەرەس، 1265 توننا پاختا ئېلىندى. شۇ يىلى 601.6 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، پارچە -

### خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 62152 | |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 28920 | |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 14848 | |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 17484 | |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 107370 | −1.1 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 4228 | 10.19 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 24622 | 11.61 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 112000 | −5.96 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 19050 | 5 |
| بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 31849 | −8.26 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 3184 | 10.17 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 5544 | 4.62 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 304 مىليون 260 مىڭ يۈەن.

يۆرات يەرلەرگە 130 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى، 47 گېكتار يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى. بىر يىلدا 13 مىڭ 850 توننا گۆش، 4911 توننا سۈت، 718 توننا قوي يۇڭى، 20 مىڭ 991 پارچە ھەرخىل مال تېرىسى ئېلىندى، 456.6 توننا بېلىق تۇتۇلدى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 12 مىليون 868 مىڭ 800 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شۇ يىلى باجايدى سۇ ئامبىرىنى پۇختىلاش قۇرۇلۇشى تاماملاندى. ناھىيە بويىچە كۆچمە شەكىلدىكى يۈركۈپ سۇغىرىش ماشىنىسىدىن 120سى كۆپەيدى، تېز گىنلەش كۆلىمى 133.33 گېكتار كېڭەيتىلدى، 480 گېكتار بوز يەر ئېچىلدى، شۇ يىلى سۇغىرىلىدىغان يەر 106.6 گېكتار كۆپەيتىلدى، قاشالانغان ئوتلاق 8133.33 گېكتار بولۇپ، شۇ يىلى يېڭىدىن 333.33 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى. يېزا - بازار كارخانىسى 3137 گە، كىرىمى 270 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 312 مىليون 640 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 180 مىليون 820 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 65.9% ئاشتى؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 100 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 44.2% ئاشتى. بىر يىلدا 13 مىليون 970 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 200 مىڭ 700 توننا كۆمۈر، 1123 توننا ئاق هاراق، 1806 توننا فابرىكا قەغىزى ۋە قەغەز پەنەركە، 2700 توننا كۆندىلىك ئېينەك بۇيۇم، 48 كىلوگرام ئالتۇن، 25.2 توننا تاغا، 3200 توننا بېتون قۇيۇلما، 39 مىڭ 600 توننا ئۇن، 5006.6 توننا سۇ يېغى، 52 توننا بۆلجۈرگەن مەھسۇلاتى، 2000 توننا يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىلدى. «بەخت» يولىدىن شىچاڭگۇغىچە بولغان تاشيول پۈتۈپ قاتناش باشلاندى. رەڭلىك باسما زاۋۇتى، ماشىنىگىرە زاۋۇتى، مايدا قۇرۇلغان ياڭيۇ ياپراقچىسى زاۋۇتى ۋە «چىيەنسۇيتاڭ» توشقان زەدىكى هارىقى، بۆلجۈرگەن هارىقى، قارا كالۇن هارىقى تۈرلىرى كەينى - كەينىدىن ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. پەمدۇر بۇيۇملىرى زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى. 1999 - يىلى جەمئىيەت بويىچە تۈراقلىق مۈلۈككە 97 مىليون 280 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 103 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى، 60 قۇدۇق قېزىلدى. 60 قۇدۇق يۈرۈشلەشتۈرۈلدى. 6 سۇ ئامبىرى يېڭىدىن ياسالدى ۋە كېڭەيتىلدى. 88.5 كىلومېتىر يول ياسالدى. ئەرزان، ئەپلىك ئۆي كۆلىمى 12 مىڭ 650 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. تاشقى ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىقى بويىچە مەبلەغ كىرگۈزۈش تۈرى 8 بولۇپ، 54 مىليون 800 مىڭ يۈەن مۇقىم مەبلەغ شەكىللەندى. بىر يىلدا يۈك ئوبوروت مىقدارى 13 مىليون 460 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 47 مىليون 100 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 8 مىليون 314 مىڭ 200 يۈەنگە، پروگراممىلىق تېلېفون 9017 توچكىغا يەتتى. بىر يىلدا 35 مىليون 410 مىڭ يۈەنلىك يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى سېتىلدى، بازار سودىسىدا پۇتۇشۇش سوممىسى 72 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 803 (ئوقۇتقۇچى، سىياسىي خىزمەت ئوقۇتقۇچىلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە). شۇ يىلى يېڭىدىن كۆپەيگەن پەن - تېخنىكىدا ئۈلگە ئائىلە 210، دېھقان تېخنىك 35. پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا ئائىت ماتېرىيالدىن 28 مىڭ نۇسخا بېسىپ تارقىتىلدى. پەن - تېخنىكا بىلىملىرى بويىچە 135 قارار كۇرس ئېچىلىپ، 9600 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى. ناھىيىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 13 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر)، ئوقۇغۇچىسى 6345 (مىللىي 2010)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 52 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 10)، ئوقۇغۇچىسى 11 مىڭ 912 (مىللىي 4541)، ئىشچى - خىزمەتچىلەر تېخنىكومى بىر؛ بالىلار باغچىسى 2 (ناھىيىگە بىۋاسىتە قارايدۇ)، باغچىدىكى بالا 774 (مىللىي 141)؛ دېھقانلار مەدەنىيەت - تېخنىكا مەكتىپى 192؛ مەركىزىي يېزا ئىگىلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە مەكتىپىنىڭ جىمسار شۆبىسى بىر، ئوقۇغۇچىسى 50 (ئالىي تېخنىكوم). ناھىيىدىكى ھەرخىل مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 1616 (مىللىي 420). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 2 مىليون 90 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇتۇشتىن 3 مىليون 436 مىڭ 700 يۈەن كىرىم قىلىندى. ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتى دۆلەتنىڭ باھالاپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. ھەممە كەنتلەرگە رادىئو - تېلېۋىزىيە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلۇپ، تېلېۋىزور كۆرۈش مۇمكىن بولمايۋاتقان 43 كەنتتىكى ئاھالە تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى كۆرەلەيدىغان بولدى. رادىئو - تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 95%كە يەتتى. مەدەنىيەت مۇئەسسەسىدىن 45ى يېڭىدىن كۆپەيدى. جىمسار ناھىيىسى 9 - ئاينىڭ 28 — 30 - كۈنىگىچە دۆلەت بايرىمىنى تەبرىكلەش، ئاۋمىنىڭ ۋەتەن قويىنىغا قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن تۈنجى نۆۋەتلىك بېشبالىق سەنئەت بايرىمى ئۆتكۈزدى، 2315 ئارتىست ۋە خىزمەتچى ئورۇنداش

مۇساپىقىسىگە قاتناشتى. ناھىيە بويىچە 13 سەھىيە - تېببىي داۋالاش ئاپپاراتى، 379 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 345 كارىۋات بار. 13 مىڭ 192 ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى «دۆلەتلىك تەنتەربىيىدە چېنىقىش ئۆلچىمى»گە يەتتى. جىمسار ناھىيىسى ئاپتونوم رايون بويىچە تەنتەربىيىدىكى ئىلغار ناھىيە، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ناھىيە دېگەن ناملارغا ئېرىشتى.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2111 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق پۇل مائاشى 7230 يۈەنگە يەتتى. مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 2 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى؛ جىسمانىي سۇغۇرتىنىڭ سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 5 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 326 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى. سۇغۇرتا ھەققىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش تەييارلاشقا قاتناشقان دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانا 43، ئىشچى - خىزمەتچىسى 6308، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققانلار 613؛ كوللېكتىپ كارخانا 3، ئىشچى - خىزمەتچىسى 39، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققانلار 16؛ خۇسۇسىي كارخانا 6، ئىشچى - خىزمەتچىسى 53؛ 4 مىليون 435 مىڭ يۈەن ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى ھەققى، 198 مىڭ يۈەن ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى ھەققى يىغىلدى. 102 ئائىلىدىكى 202 بازار ئاھالىسى ئاھالىلەرنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى پۇلىغا ئېرىشتى. ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان 107 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بىر يىلدا 69 ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. يېتىم - يېسىر، بوۋاي - موماي، ئاغرىق، مېيىپلارنىڭ بېقىلىش ئۆلچىمى 1200 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى. ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەۋاتقان ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا 223 مىڭ يۈەن نەپىقە پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى، بۇ، ھەربىر ئائىلىگە 1327 يۈەندىن توغرا كەلدى. 19 مىليون 810 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، قۇرۇلۇش كۆلىمى 44 مىڭ 963 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر تۇرالغۇ ئۆيىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلىنىپ، شۇ يىلى 34 مىڭ 85 كۋادرات مېتىر قىسمى پۈتكۈزۈلدى، بۇنىڭ بىلەن 258 ئائىلىلىك ئىشچى - خىزمەتچى يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىردى. 1 - كىچىك رايوننى پار بىلەن مەركەزلەشتۈرۈپ تەمىنلەش يولىغا قويۇلۇپ، 11 كىچىك پار قازان بىكار قىلىندى. 5.3 كۋادرات مېتىرلىق ئىس - تۈتەك تىزگىنلەنگەن رايون بەرپا قىلىندى، باغۋارانلاشتۇرۇلغان كۆلەم 86.47 گېكتارغا يەتتى.

نىڭ گوفۇ، ياڭ يۇشيۇ

# گۈچۈڭ ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

گۈچۈڭ ناھىيىسى تەڭرىتاغدىكى بوغدا تېغى تىزمىسىنىڭ شەرقىي بۆلىكىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 207 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 6، يېزا 9. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۇەننىڭ ناھىيە تەۋەسىدىكى نوپۇسى بۇنىڭ سىرتىدا) 186 مىڭ 367 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 47 مىڭ 503)، يېزا نوپۇسى 146 مىڭ 725؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 12.68‰، ئۆلۈش نىسبىتى 3.24‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 9.44‰. ناھىيە بويىچە 75 مىڭ 190 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 56 مىڭ 167 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائەتى، 14 مىڭ 600 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق، يېرىم قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

گۈچۈڭ ناھىيىسى تەۋەسىدە كەيكىن دەرياسى، بىلىيۇ دەرياسى، داۋان دەرياسى قاتارلىق دەريا - ئېقىنلار بار بولۇپ، يىللىق ئېقىن مىقدارى 500 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 860 مىڭ گېكتار تەبىئىي ئوتلاق بار. ئورمانلىق كۆلىمى 38 مىڭ گېكتار بولۇپ، ياغاچ زاپىسى 3 مىليون 400 مىڭ كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. ئەنتىۋارلىق ھايۋانلاردىن ياۋا ئېشەك، يىلپىز قاتارلىق 40 نەچچە خىلى، دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن سوغىگۇل، چۇچۇكبۇيا قاتارلىق 300 نەچچە خىلى، ئاساسلىق قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، ئاشتۇزى، ھاك تېشى، ئالتۇن، نېفىت، سۇرمە تاش قاتارلىقلار بار. ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن ئاساسلىقى ناھىيىنىڭ شىمالىدىكى جياڭجۈن سېيىغا جايلاشقان نوم شەھىرى (شەيتانكەرىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، ئاسىيا بويىچە ئەڭ چوڭ دىنازاۋۇر تاش ئىسكىلىتى (ئۇزۇنلۇقى 30 مېتىر، ئېغىرلىقى 50 توننا ئەتراپىدا). خەيشياڭ تاشقا ئايلانغان قەدىمكى ئورگانىزملار توپى (200 نەچچە خىل)، بۇنىڭدىن نەچچە مىڭ يىل بۇرۇنقى ئاز كەم 1000 تۈپ كىرىمسىلىق دەرەخ (ئەڭ چوڭىنىڭ ئېگىزلىكى 20 نەچچە مېتىر، دىئامېتىرى 2 مېتىرغا يېقىن) بار. گۈچۈڭ ناھىيىسىدە قەدىمىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلاردىن خەن دەۋرىگە ئائىت سۇلى قەلئەسى خارابىسى، تاڭ قەلئەسى خارابىسى ۋە شەرقىي يەردىكى چيەنلۇڭ بۇتخانىسى قاتارلىق ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت

يادىكارلىق ئورۇنلىرى بار، يەنە ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنىدىن 20 نەچچىسى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ گۇچۇڭ ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ يۈەنچاۋ.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: شاڭ شياڭجى.

ھاكىم: جىن ۋەنچاۋ (2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جاڭ جېندې (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: جاڭ يۈەنچاۋ (2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جىن ۋەنچاۋ (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

## يېزا ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 453 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 274 مىليون يۈەن) گە يەتتى. 335 مىڭ توننا ئاشلىق، 20 مىڭ 100 توننا پاخلىق دان، 120 مىڭ توننا قىزىلچا ئېلىندى. 1285.93 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىقتىسادىي ئورمان 358.53 گېكتار. بىر يىلدا 22 مىڭ 598 توننا گۆش ئېلىندى، چارۋىلارنىڭ ئەڭ يۇقىرى بېقىلىش مىقدارى 1 مىليون 140 مىڭ تۇياققا، تاۋارلىنىش نىسبىتى %1.67كە يەتتى. 13 مىليون 140 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 184 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى؛ 2436.67 گېكتار يەردىكى يۇركۈپ سۇغىرىش قۇرۇلۇشى پۈتتى؛ بۇ قۇرۇلۇش سانجى ئوبلاستىنىڭ «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇسابىقىسىدە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ كىرىمى 589 مىليون يۈەنگە يەتتى.

ساناەت مەھسۇلات قىممىتى 218 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 165 مىليون يۈەن) گە يەتتى؛ ساناەت قوشۇلما قىممىتى 79 مىليون يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا 120 مىڭ توننا كۆمۈر، 10 مىڭ 483 توننا بۇغداي ئۇندۇرمىسى، 3102 توننا سۇ يېغى، 23 مىڭ 700 توننا شېكەر، 1511 توننا ئاق ھاراق، 54 مىڭ توننا ئۇن ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 41

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 7.14 | —3.8 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 3.43 | —10.2 |
| 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 1.19 | —10.9 |
| 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 2.51 | 11 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (تۈمەن يۈەن) | 33.5 | 4.56 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | 66.4 | 10.67 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 2.6 | 18.18 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (تۈمەن كىلوۋات) | 27 | 1.12 |
| تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | 1423 | 95.47 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (100 مىليون يۈەن) | 2.19 | 21.67 |
| بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (100 مىليون يۈەن) | 8.06 | 4.68 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | 3016 | 9.04 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | 7175 | 9.31 |

مىليون 940 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيىنىڭ تاشقى سودا ئېكسپورت سوممىسى 14 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 99' ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىدە 29 تۈردە توختام ئىمزالاندى، سوممىسى 202 مىليون يۈەنگە يەتتى. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 217 مىليون 600 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 286 مىليون 600 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 15 مىليون 410 مىڭ يۈەنگە، پروگراممىلىق تېلېفون 19 مىڭ 362 توچكىغا يەتتى. IC كارتوچكىلىق ئاممىۋى تېلېفوندىن 200ى ئورنىتىلدى. بازار سودىسىدا پۈتۈشۈلگەن سومما 130 مىليون يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم 1245. ناھىيىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 71 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 15)، ئوقۇغۇچىسى 21 مىڭ 337 (مىللىي 6714)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 23 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 9)، ئوقۇغۇچىسى 12 مىڭ 717 (مىللىي 2915)؛ ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 2688. مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 4 مىليون 900 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. تەڭرىتاغنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان بەنجىگۇ بازىرىنىڭ مېڭجياتالڭ كەنتىگە تېلېۋىزىيە قوبۇللاش ئاتېننىسىنىڭ ئورنىتىلىشى بىلەن ناھىيە بويىچە 15 يېزا - بازاردىكى 148 كەنتنىڭ ھەممىسىگە رادىئو - تېلېۋىزىيىنى ئۇلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى مۇددەتتىن بىر يىل بۇرۇن ئىشقا ئاشتى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %93كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %97كە يەتتى. ناھىيىدە 19 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 601 سەھىيە كەسپىي تېخنىكا خادىمى، 361 كارىۋات بار. ناھىيە بويىچە 19 مىڭ 236 ئادەم «دۆلەتلىك تەنتەربىيىدە چېنىقىش ئۆلچىمى»گە يەتتى.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2237 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق پۇل مائاشى 6808 يۈەنگە يەتتى. مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 3 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 1 مىليون 840 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى؛ ئۆمۈر سۇغۇرتىسىنىڭ سۇغۇرتا ھەققى سوممىسى 12 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 1 مىليون 20 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى ۋە پۇل بېرىلدى. شۇ يىلى 18 مىليون 850 مىڭ يۈەن مەبلەغ توپلىنىپ، 1607 مېتىر يول ياسالدى. گۇچۇڭ باغچىسىنىڭ مۇئەسسەسلىرى ياخشىلاندى. 504 كۋادرات مېتىر چىملىق، 340 كۋادرات مېتىر گۈللۈك ياسالدى، 1120 مېتىر قاشا تام ئېتىلدى. 1.78 كىلومېتىر يۇندا تورۇبىسى ياتقۇزۇلدى. يۇيۇلىدىغان 6 ھاجەتخانا سېلىندى. 1280 مېتىر كۆكەرتىش بەلۋىغى ياسالدى. 3840 كۋادرات مېتىر يەر كۆكەرتىلدى.

ليۇ ۋېنجېن

# مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىنىڭ شەرقىي بۆلىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 270 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 9، مەيدان 2. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 87 مىڭ 489 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 26 مىڭ 541)، يېزا نوپۇسى 69 مىڭ 524؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 9.85‰، ئۆلۈش نىسبىتى 4.15‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 5.70‰. ناھىيە بويىچە 33 مىڭ 892.7 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 27 مىڭ 343.2 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 2798 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى ئوتلاق كۆلىمى 1 مىليون 179 مىڭ گېكتار، ئەمەلىي پايدىلىنىلىدىغان ئوتلاق كۆلىمى 1 مىليون 65 مىڭ گېكتار. ناھىيە تەۋەسىدە ئىنگىبۇلاق، شىمگۇ، شەرقىي بازار، مورى، بوستاندىن ئىبارەت 6 دەريا - ئېقىن بار، بۇلارنىڭ ھەممىسى كىچىك دەريا - ئېقىنلاردۇر. يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارى 84 مىليون 420 مىڭ كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ يىللىق ھەرىكەتچان زاپىسى 45 مىليون 150 مىڭ كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. ناھىيە بويىچە 98 مىڭ گېكتار ئورمان بار. ناھىيە تەۋەسىدە دۆلەت تەرىپىدىن قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن ياۋا ئېشەك (موڭغۇل ئېشىكى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، يىلپىز، بۇغا، قوڭۇر ئېيىق، ئاق بوغۇز بۆكەن، ئۇلار قاتارلىقلار، قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، رومبا تۆمۈر، خروملۇق تۆمۈر، ۋولفرام، مېئولىت، تۇز، مىس، سىنك، كېپەك ئالتۇن قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك

كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: شۇ فۇچىڭ.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: شادات (قازاق، 11 - ئايدا ۋاپات بولدى).

ھاكىم: قابىل (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: شۇ يوڭجۈن

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 350 مىليون 263 مىڭ 100 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 166 مىليون 758 مىڭ 900 يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %34 ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 109 مىڭ 833 توننا ئاشلىق، 4528 توننا ياغلىق دان ئېلىندى. شۇ يىلى 607 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، پارچە - پۇرات يەرلەرگە 100 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى. بىر يىلدا 13 مىڭ 399 توننا گۆش، 1124 توننا قوي يۇڭى، 68 توننا چۇپۇر، 1.7 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 5158 پارچە كالا تېرىسى 94 مىڭ 911 پارچە قوي تېرىسى، 15 مىڭ 200 پارچە ئۆچكە تېرىسى ئېلىندى. شۇ يىلى يېزا ئىگىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 35 مىليون 975 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 137.1 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى، 23 يۇرۇشلەشكەن، ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، 2413.3 گېكتار يەر تۈزلەندى. 159 كىلومېتىر يولغا شېغىل ياتقۇزۇلدى، 30 كىلومېتىر يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى تارتىلدى، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - سۈنئىي ياخشىلاش قۇرۇلۇشىدىن 2 سى پۈتكۈزۈلدى. ناھىيە بويىچە يېزا - بازار كارخانىسى 1911گە، خادىمى 3250كە، تىجارەت كىرىمى 130 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 74 مىليون 980 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 57 مىليون 920 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %0.3 ئاشتى. بىر يىلدا 16 مىليون 513 مىڭ 300 كىلوۋات سائەت توك ئىشلىتىلدى (يېزىلاردا ئىشلىتىلگىنى 11 مىليون 368 مىڭ 500 كىلوۋات سائەت). 73 مىڭ 600 توننا كۆمۈر، 800 توننا تۇز، 20 مىڭ 700 توننا ئۇن، 343 توننا سۇ يېغى، 1676 توننا ئارىلاشما يەم - خەشەك، 132 مىڭ 200 دانە قوي يۇڭى پوپايكىسى ئىشلەپچىقىرىلدى. توشۇلغان يولۇچى 810 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 79 مىليون 290 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا؛ توشۇلغان يۈك 460 مىڭ تونناغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 174 مىليون 150 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 4 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى پروگراممىلىق تېلېفون 6035كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزىلاردىكىسى 2109 توچكا. 1 - ئايدا دانەنگۇ ئۆزبېك يېزىسىغا پروگراممىلىق تېلېفون ئۇلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن ناھىيە بويىچە ناھىيە - يېزا تېلېفونلىرىنى پروگراممىلاشتۇرۇش ئىشقا ئاشتى.

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 35030 | 14.1 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | 109833 | 35.8 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۇياق) | 588507 | 11.6 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 9890 | 23.3 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | 99097 | —0.1 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | 11503 | 2.2 |
| بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | 16768 | —4.6 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | 705 | 9.6 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | 5488 | —1.4 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 176 مىليون 860 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار تېخنىكا خادىمى 56 (مىللىي 14)، ئوتتۇرا دەرىجىلىكى 621 (مىللىي 191). ناھىيىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 39 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 15)، ئوقۇغۇچىسى 10 مىڭ 643 (مىللىي 4286)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 12 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 5)، ئوقۇغۇچىسى 5317 (مىللىي 1938)؛ بالىلار باغچىسى 6، باغچىدىكى بالا 976. ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 1510 (مىللىي 560). 9 - ئايدا قۇراملىق پەتكەنلەر ئارىسىدا ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتى دۆلەت تەرىپىدىن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى. شىنخۇ، جاۋ بېيشەن يېزىلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرى 12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئاپتونوم رايون بويىچە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، شۇ فۇچياڭ، بەي يۇمېي، لى سۇگىنيەنلەر ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى. ناھىيە بويىچە 13 سەھىيە - تېببىي داۋالاش ئاپپاراتى، 267 سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 63)، 120 كارىۋات بار.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 1880 يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %11.9 ئاشتى. ناھىيە بويىچە ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىدىكى ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىل ئاخىرىدىكى سانى 6188 گە، يىللىق مائاش سوممىسى 39 مىليون 496 مىڭ يۈەنگە، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يىللىق پۇل مائاشى 6569 يۈەنگە يەتتى. ھەرخىل سۇغۇرتىلارنىڭ سۇغۇرتىلاش سوممىسى 36 مىليون 434 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مەركەز، ئاپتونوم رايوننىڭ 26 مىليون 500 مىڭ يۈەن نامراتلارنى يۆلەش پۇلى بېرىشى بىلەن شۇ يىلى 232 ئائىلىدىكى 1486 ئادەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. ناھىيە بويىچە كوللېكتىپ تەرىپىدىن بېقىلىۋاتقان تارقاق ئولتۇراقلاشقان يېتىم - يېسىر، بوۋاي - موماي، مېيىپ، بالا 67.

☆ ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى شۇ فۇچياڭ 9 - ئاينىڭ 24 - كۈنى مەملىكەت بويىچە 6 - نۆۋەتلىك نامراتلارنى يۆلەش سەردارلىرىنى باھالاشتا 1999 - يىللىق نامراتلارنى يۆلەش بويىچە تۆھپە يارىتىش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

چېن ئېيچىن، ۋاڭ شېڭبىڭ

# تۇرپان ۋىلايىتى

## ئاساسىي ئەھۋالى

تۇرپان ۋىلايىتى شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىغا، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان. مەمۇرىي مەھكىمە تۇرۇشلۇق جاي تۇرپان شەھىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 182 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلىدىكى ۋىلايەتكە قاراشلىق شەھەر بىر، ناھىيە 2. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 546 مىڭ (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 418 مىڭ 800). يېزا نوپۇسى 333 مىڭ 800. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰12.1، ئۆلۈش نىسبىتى ‰3.31، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰8.79. ۋىلايەت بويىچە 40 مىڭ 900 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 51 مىڭ گېكتار يەر تېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 28 مىڭ گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز ئورنى تېرىلغۇ كۆلىمىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) تېرىلدى. كىلىماتى قۇرغاقلىق تىپىدىكى چۆللۈك كىلىماتىغا كىرىدۇ.

تۇرپان ۋىلايىتىدە 70 مىڭ گېكتار ئورمان، 768 مىڭ 200 گېكتار ئوتلاق بار. يەر ئۈستى سۇ بايلىقى 566 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۇ بايلىقى 706 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. ئەتىۋارلىق ھايۋانلاردىن ئۆلار، يىلپىز، جەرەن، ياۋا تۆگە قاتارلىقلار، ئاساسلىق دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن كىرەش، چاكاندا، چۈچۈكبۇيا، قار لەيلىسى، يانتاق شېكىرى، غۇنچە ئۈزۈم قاتارلىقلار، ئاساسلىق قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، نېفىت، تۆمۈر، تەبىئىي گاز، تۇز، ئالتۇن، شور قاتارلىقلار بار، بۇنىڭ ئىچىدە كالىي سېلىترا ۋە ناترىي سېلىترانىڭ زاپىسى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. داڭلىق ساياھەت نۇقتىلىرىدىن يارغول قەدىمىي شەھىرى، ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرى، بېزەكلىك مىڭئۆيى، سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى، بۈيلۈق، يالقۇنتاغ، كارىز، ئاستانە قەدىمىي قەبرىستانلىقى قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى: ۋاڭ تۇلىڭ (9 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى). سۇڭ ئەيرۇڭ (ئايال، 9 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: مۇھەممەت رەجەپ، سۇن چاڭخۇا، خاۋ چاڭشۇن.

ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تۇرپان ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابلا يۇسۇپ؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: جاڭ فا، مۇھەممەت روزى.

ۋالىي: مۇھەممەت رەجەپ؛ مۇئاۋىن ۋالىيلار: سەي بىڭخۇا، ئابلا قاسىم، لى مىڭ، نىجات مەخمۇت، ليۇ لۇنشى.

ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ۋاڭ تيەنۋېن، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ئارىز ھامىت،

ياسىن روزى، شېن رۇيشىڭ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى ۋىلايەت بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 183 مىليون 903 مىڭ 100 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 1 مىليارد 148 مىليون 447 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 6.06% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)، بىر يىلدا 116 مىڭ 100 توننا ئاشلىق، 1098 توننا ياغلىق دان، 373 مىڭ 700 توننا ئوزۇم، 120 مىڭ 100 توننا قوغۇن - تاۋۇز، 99 مىڭ 500 توننا كۆكتات، 16 مىڭ 429 توننا پاختا ئېلىندى. 244 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. 16 مىڭ 936 توننا گۆش، 224 توننا تۇخۇم، 260 توننا سۈت مەھسۇلاتى ئېلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 278 مىليون يۈەنگە يەتتى.

ۋىلايەت بويىچە سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليارد 388 مىليون 571 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 1 مىليارد 819 مىليون 116 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 4.03% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 مىليارد 172 مىليون 631 مىڭ يۈەن يەرلىككە تەۋە (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 895 مىليون 366 مىڭ يۈەن) بولۇپ، 7.8% ئاشتى. 595 مىليون 130 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ھاسىل قىلىندى. 1258 كىلوگرام ئالتۇن، 7361 توننا پاختا يىپ، 242 مىڭ توننا سېمونت، 3, 5336 توننا ئوزۇم ھارىقى ئىشلەپچىقىرىلدى. ھۈنەر-سەنئەتلىك مەھسۇلات قىممىتى 170 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يەتتى. قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتقان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 328 مىڭ 200 كۋادرات مېتىر، پۈتكىنى 136 مىڭ 100 كۋادرات مېتىر. تۇراقلىق مۈلۈككە 2 مىليارد 499 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىكنىڭ سالغىنى 800 مىليون يۈەن، ئىقتىسادىي تۈرلەر بويىچە ئايرىغاندا، دۆلەت ئىلكىدىكى ئىگىلىككە سېلىنغىنى 2 مىليارد 410 مىليون يۈەن. نۇقتىلىق تۈر بولغان پىچان كەرچى سۇ ئامبىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا 68 مىليون يۈەن، تۇرپان شەھىرىنىڭ سۇ بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشىنى ئۆزگەرتىپ ياساشقا 35 مىليون 670 مىڭ يۈەن، ئېكولوگىيىلىك بىلىقچىلىققا 31 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېقىندىن كۆپەيگەن ئاساسلىق

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | | 50.49 | 7.7 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1. كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 7.53 | 4 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 31.85 | 8,65 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 11.11 | 9.8 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (تۈمەن توننا) | | 11.61 | 61,38 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 95.81 | −1.9 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | | 10.27 | 9.33 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (تۈمەن كىلوۋات) | | 48.35 | 5.73 |
| تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن دوللار) | | 1367.63 | −33.12 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (100 مىليون يۈەن) | | 8.87 | −0.54 |
| شەھەر، يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (100 مىليون يۈەن) | | 20.42 | 4.24 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (100 مىليون يۈەن) | | 3.2 | 8.9 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (100 مىليون يۈەن) | | 4.65 | 14.43 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىدىن يەرلىككە تەۋە بولغىنى 2 مىليارد 513 مىليون يۈەن. ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 2 مىليارد 866 مىليون يۈەن.

ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى مۇنۇلار: ئېلىنىدىغان نېفىت 200 مىڭ توننا، قېزىلىدىغان كۆمۈر 30 مىڭ توننا، سۇنئىي ياي تۆمۈر رۇدىسى 200 مىڭ توننا، ئالتۇن رۇدىسى (ئىپتىدائىي رۇدا) 330 مىڭ توننا، پاختا توقۇمىچىلىق ئۇرچۇقى 150 مىڭ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچى ئورنى 949، شەھەرنى ئىسسىتىشقا ئېرىلىدىغان پار سائىتىگە 10 توننا، ئىسسىق سۇ سائىتىگە 3.9 مېگاۋات، شەھەرلەردىكى كېڭەيتىلگەن يول 404 مىڭ 200 كۋادرات مېتىر. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 528 مىليون 618 مىڭ 100 ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 865 مىليون 215 مىڭ 400 توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 96 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى كوممۇتاتور سىغىمى 87 مىڭ 863 توچكىغا، تېلېفون ئابونېنتى 41 مىڭ 838 گە، ئاممىۋى تېلېفون نۇقتىسى 2011گە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 887 مىليون يۈەنگە يەتتى، باھا ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە ئەمەلىيەتتە %4.2 ئاشتى. تاشقى سودا ئېكسپورت سوممىسى 11 مىليون 497 مىڭ 500 دوللارغا، ئىمپورت سوممىسى 2 مىليون 178 مىڭ 800 دوللارغا يەتتى. يىل ئاخىرىدا ۋىلايەت بويىچە چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانا 12 گە يەتتى. 9 - نۆۋەتلىك ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىدە 1 مىليارد 466 مىليون يۈەنلىك سودىدا پۈتۈشۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمزالانغان كېلىشىم سوممىسى 1 مىليارد 437 مىليون يۈەن. جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك ساياھەتچىلەردىن 600 مىڭ ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە چەت ئەللەردىن كەلگەن ساياھەتچى 50 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يېتىپ، ساياھەتچىلىكتىن 150 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ۋىلايەت بويىچە 2 پەن تەتقىقات ئاپپاراتى، ئۇلاردا 107 ئىشچى - خىزمەتچى بار. 1999 - يىلى ھۆل ئۈزۈم ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىش، قوغۇننىڭ ئېسىل سورتلىرىنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش جەھەتتە ۋىلايەت بويىچە سىناق نۇقتىسى تەسىس قىلىندى. تەننەرخى تۆۋەن، ئۈنۈمى يۇقىرى بولغان كىشمىش ئۈزۈم ئۇرۇقى تەتقىق قىلىنىپ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلەپ چىقىلدى. ئاپتونوم رايوندىكى مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشى ئارقىلىق 5 پەن تەتقىقات تۈرى ئاپتونوم رايوننىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە يەتتى. 11 پەن تەتقىقات تۈرى ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. تۇرپان ئۈچۈر تور پونكىتى قۇرۇلدى. «ئىككىدە يۇقىرى، بىردە ئەلا بولۇش» بويىچە بېزا ئىگىلىكىدە ئۇلگە كۆرسىتىش بازا قۇرۇلۇشىدا دەسلەپكى كۆلەم شەكىللەندى. ۋىلايەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 54، ئوقۇغۇچىسى 41 مىڭ 228 (مىللىي 36 مىڭ 354)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 200، ئوقۇغۇچىسى 72 مىڭ 85 (مىللىي 59 مىڭ 591)؛ تېخنىكوم 7. سەنئەت ئۆمىكى 2، مەدەنىيەت يۇرتى 3، كۈتۈپخانا 3، ئارخىپخانا 5، چاستوتىسى تىزگىنلەنگەن رادىئو ئىستانسىسى 3، سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى 3، كۈتۈپخانىلاردا ساقلىنىۋاتقان كىتاب 229 مىڭ 100. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %76كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %86كە يەتتى. ھەرخىل كىنوخانىلار 138 بولۇپ، 293 قېتىم كىنو قويۇلدى. «تۇرپان گېزىتى» 1مىليون 440 مىڭ نۇسخا نەشر قىلىندى. خەنزۇچە «تۇرپان» ژۇرنىلى 4 سان، 6000 نۇسخا، ئۇيغۇرچە «تۇرپان» ژۇرنىلى 4 سان، 12 مىڭ نۇسخا نەشر قىلىندى. ۋىلايەت بويىچە 160 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا 40، ئامبۇلاتورىيە 2، يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى 4، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى 3. 1826 كارىۋات، 2633 سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار (بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 1252، سېستىرا 867). ۋىلايەت بويىچە 14 تۈرلۈك قىزىقارلىق تەنھەرىكەت پائالىيىتى تەشكىللەندى. ۋىلايەت تەنھەرىكەتچىلىرى ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا قاتنىشىپ، 15 ئالتۇن مېدال، 4 مىس مېدال ئالدى.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2141 يۈەنگە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 11 مىڭ 387 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىكتىكى تەۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ 7714 يۈەن. ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن 732 سى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 276 سى ئۆزى ئىش تاپتى. 14 مىڭ 431 ئادەم ياشانغانلار كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى. سۇغۇرتا ئىستېمىنىڭ سۇغۇرتىلاش سوممىسى 8 مىليارد 477 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتا سوممىسى 5 مىليارد 930 مىليون يۈەن، بېزا ئىگىلىك سۇغۇرتا سوممىسى 186 مىليون يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى سوممىسى 2 مىليارد 361 مىليون يۈەن. مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 44 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە، بېزا ئىگىلىك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 2 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 26 مىليون 243 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ما لۇڭ

# تۇرپان شەھىرى

## ئاساسىي ئەھۋالى

تۇرپان شەھىرى تەڭرىتاغنىڭ تارماق تىزمىسىدىكى بوغدا چوققىسىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 182 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 7، دېھقانچىلىق مەيدانى 2، مەھەللە ئىش باشقارمىسى 2. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 241 مىڭ 800 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 192 مىڭ 400). يېزا نوپۇسى 170 مىڭ 912. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 10.8‰، ئۆلۈش نىسبىتى 2.3‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 8.5‰. شەھەر بويىچە 113 مىڭ 270 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 7170 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئاق يەرگە ۋە ئېگىز ئورنىغا تېرىلغىنى)، 9070 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئېگىز ئورنى تېرىلغۇ كۆلىمى 1230 گېكتار) تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاق چۆللۈك كىلىماتىغا كىرىدۇ.

تۇرپان شەھىرى مەملىكەت بويىچە ئۈزۈن تالالىق پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىنىڭ بىرى. ئاپتونوم رايوننىڭ ئاساسلىق ئۈزۈمچىلىك رايونى. يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى 357 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە سىرغىم مىقدارى 97 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. شەھەر بويىچە 6966.67 گېكتار ئورمان بار. ئۆسۈۋاتقان ياغاچ زاپىسى 439 مىڭ 300 كۇب مېتىرغا، تورلۇك ئوتلاق 210 مىڭ 700 گېكتارغا يېتىدۇ. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن يىلپىز، ئارقار، ئۇلار قاتارلىقلار، دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن چوچۇكبۇيا، قار لەيلىسى قاتارلىق 180 نەچچە خىلى بار. تۇز، كۆمۈر، نېفىت، تۆمۈر، مانگان، بور، شۈلتا، شور، سېغىز قاتارلىق قېزىلما بايلىقلار بار. كۆمۈر زاپىسى 4 مىليارد توننىغا، نېفىتنىڭ كەلگۈسىدىكى زاپىسى 3 مىليارد توننىغا يېتىدۇ. تۇرپان قەدىمكى يىپەك يولىغا جايلاشقان مۇھىم قورغان، ئۇ گۈمانىتارلىق مەنزىرە بىلەن تەبىئىي مەنزىرە مۇجەسسەملەشكەن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى بىلەن غەرب مەدەنىيىتى، كۆپ مىللەتنىڭ ئۆرپ - ئادىتى ئۆز ئارا مۇجەسسەملەشكەن ساياھەت شەھىرى. ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرى، يارغول قەدىمىي شەھىرى، ئاستانە قەدىمىي قەبرىستانلىقى، بېزەكلىك مىڭئۆيى، سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى، كارىز، بۈيلۇق، چۆللۈك ئۆسۈملۈكلىرى باغچىسى قاتارلىقلار، دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنىدىن 5ى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنىدىن 14ى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ تۇرپان شەھەرلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋۇ ۋېنۋۇ.

5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: نۇرىدىن نىياز.

شەھەر باشلىقى: جاپپار ئىبراھىم.

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: باھايىدىن تۆمۈر.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى تۇرپان شەھىرىنىڭ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 523 مىليون 130 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 7.2% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). بىر يىلدا 30 مىڭ 767 توننا ئاشلىق، 7232 توننا پاختا، 38 مىڭ 800 توننا قوغۇن - تاۋۇز، 60 مىڭ 600 توننا كۆكتات، 183 مىڭ 500 توننا ئۈزۈم ئېلىندى. 376.5 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. پارچە - پۇرات يەرلەرگە 1 مىليون 500 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى. 8257 توننا گۆش، 501 توننا يۇڭ، 11.99 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 5521 توننا سۈت، 58 توننا تۇخۇم، 120 توننا سۇ مەھسۇلاتى، 55 توننا ھەسەل ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 50 مىليون 219 مىڭ 200 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 212.27 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس لوق ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى. 2 كارىز چېپىلدى، 2 كارىزنىڭ يولى ئۆزگەرتىلدى. 214 كارىزنىڭ 354.16 كىلومېتىر تەشمىسى رېمونت قىلىندى. 38 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، 38 قۇدۇق يورۇشلەشتۈرۈلدى، 380 قۇدۇق رېمونت قىلىندى. يېزىلارغا 68.9 كىلومېتىر توك سىمى تارتىلدى. 2300 كۆۋرۈك، سۇگۈزىچ، توما ياسالدى. 5 سۇ سىڭمەس كۆل، 6.81 كىلومېتىر پۇختا كەلكۈن توسمىسى ياسالدى. 51.8 كىلومېتىر يېزا - كەنت يولى ئۆزگەرتىلدى. كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، سۇنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشى ئارقىلىق 4460 ئادەم ۋە 8350 تۇياق چارۋىنىڭ ئىچىملىك سۇيى ھەل قىلىندى. تامچىلىتىپ سۇغىرىلىدىغان كۆلەم 31.3 گېكتار كۆپەيتىلدى. 13 مىڭ گېكتار يەرنىڭ سۇغىرىش شارائىتى ياخشىلاندى. يېزا - بازار

### خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 112065.49 | 5.16 |
| يۈنىلىك ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 32130 | 3.03 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 27801 | 6.48 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 52135 | 7.24 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (تۈننا) | | 30767 | 19.28 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 31.4 | —6.69 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 25911 | 5.87 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 128929 | —7.72 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 52307 | 0.34 |
| شەھەر، يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 93200 | 78.79 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 8994 | تەڭلەشتى |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 13664 | 11.06 |

**ئىزاھ: 1998 - يىلى يەرلىك مالىيە چىقىمى ئاخىرقى ھېسابتا 123 مىليون 30 مىڭ يۈەن قىلىپ بېكىتىلدى. 1999 - يىلى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 744 مىليون 998 مىڭ 600 يۈەن بولدى.**

كارخانىسى 8270كە، تىجارەت كىرىمى 265 مىليون يۈەنگە، پايدىسى 33 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 476 مىليون 869 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 361 مىليون 706 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. 10 مىليون 981 مىڭ 500 كىلوۋات سائەت توك، 353 مىڭ 189 تۈننا كۆمۈر، 152 مىڭ 200 تۈننا سېمونت، 3746.3 تۈننا ئۈزۈم ھارىقى، 905 تۈننا كونسېرۋا، 1173 تۈننا سۇ يېغى، 10 مىڭ 138 تۈننا قۇرۇق ئۈزۈم، 4149 تۈننا ساپ پاختا، 3736 تۈننا پاختا يىپ، 571.7 تۈننا مەرگىمۇش، 366 تۈننا سۇلياۋ ياسالما، 1564 تۈننا ئىشقارىي سۇلفىد، 101 مىليون 300 مىڭ دانە خىش، 9466.58 تۈننا ئەينەك، 290 تۈننا ئارىلاشما يەم - خەشەك، 6586 كۋادرات مېتىر گرانىت تاش، 1690 تۈننا مىس ئىشلەپچىقىرىلدى. 150 مىليون 710 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان سۇچىلىق قۇرۇلۇشى، 29 مىليون 280 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان شەھەرنى سۇ بىلەن تەمىنلەشنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى، 6 مىليون 20 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان يوللارنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى، 6 مىليون 140 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ناھىيە - يېزا تاشيوللىرىنى ياساش قۇرۇلۇشى، 4 مىليون 820 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ئوقۇتقۇچىلار تۇرالغۇ بىناسى قاتارلىق ئاساسلىق تۈرلەر شۇ يىلى تاماملاندى. تۇراقلىق مۈلۈككە 381 مىليون 560 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شۇ يىلى 90 مىڭ 800 كۋادرات مېتىر تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلىنىپ، 67 مىڭ 600 كۋادرات مېتىرى پۈتتى. شەھەر بويىچە 24 ھەمكارلىق تۈرىدە كېڭىشىلدى (12 سى ئەمەلىيلەشتى)، كېلىشىم بويىچە كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ سوممىسى 1 مىليارد 600 مىليون يۈەنگە يەتتى. تاشيولدا 3 مىليون 496 مىڭ يولۇچى، 2 مىليون 672 مىڭ 200 تۈننا يۈك توشۇلدى؛ تۆمۈر يولدا 461 مىڭ يولۇچى (قېتىم)، 539 مىڭ تۈننا يۈك توشۇلدى. پوچتا كەسىپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 7 مىليون 192 مىڭ 300 يۈەن (داخىيەنىڭمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) گە، كەسىپىي كىرىمى 10 مىليون 698 مىڭ يۈەنگە يەتتى. تېلېگراف كەسىپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 24 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە، كەسىپىي كىرىمى 26 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 2581 شەھەر تېلېفونى، 1102 يېزا تېلېفونى، 1352

يانتېلېفون، 4890 سىمسىز چاقىرغۇ ئابونىنتى كۆپەيدى. شەھەر بويىچە توپ ۋە پارچە سېتىش سودا سوممىسى 207 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يەتتى. جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك ساياھەتچىدىن 600 مىڭ ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى. ساياھەتچىلىكتىن 150 مىليون يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە شەھەرگە تەۋە قىسمى 45 مىليون يۈەن) كىرىم قىلىندى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

شەھەر بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 831 (ئالىي دەرىجىلىكى 64). 81 دېھقان تېخنىكلىق لاياقەتنامىسى ئالدى. شەھەردىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم 2، ئوقۇغۇچىسى 2115 (مىللىي 1333). مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 191 (مىللىي 142)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 14؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 21، ئوقۇغۇچىسى 18 مىڭ 2 (مىللىي 16 مىڭ 238). مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 1377 (مىللىي 1136)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 84، ئوقۇتۇش نۇقتىسى 1117، ئوقۇغۇچىسى 32 مىڭ 229 (مىللىي 27 مىڭ 726)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 1811 (مىللىي 1466)، بالىلار باغچىسى 2، باغچىدىكى بالا 621 (مىللىي 193)، ئوقۇتقۇچىسى 34 (مىللىي 11). ھۆكۈمەت مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن 32 مىليون 390 مىڭ يۈەن خىراجەت ئاجراتتى، ئاساسىي قۇرۇلۇشنى رېمونت قىلىشقا 529 مىڭ يۈەن ئىشلىتىلدى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %92كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %86كە يەتتى. 2 مەدەنىيەت پونكىتى قۇرۇلدى. بالىلار رەسىملەر توپلىمى 4 - نۆۋەتلىك دۇنيا بالىلار گۈزەل - سەنئەت رەسىملەر كۆرگەزمىسىگە قاتناشتۇرۇلغاندى، 13 پارچە ئەسەر مۇكاپاتقا ئېرىشتى، بۇنىڭدىن 3 ى ئالتۇن مېدالغا، 3ى كۈمۈش مېدالغا، 7 سى مىس مېدالغا ئېرىشتى. شەھەر بويىچە 25 سەھىيە ئاپپاراتى، 1309 سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 1080 كارىۋات بار. 12 - نۆۋەتلىك دېھقان، چارۋىچىلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 100 تەنھەرىكەتچى قاتناشتى. ۋىلايەت تەنھەرىكەتچىلىرى 12 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھىرى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تېچۇەنداۋ مۇسابىقىسىگە تەكلىپ بىلەن قاتنىشىپ 3 مىس مېدال ئالدى. 46 مىڭ 855 ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى «دۆلەتلىك تەنتەربىيىدە چېنىقىش ئۆلچىمى»گە يېتىش سىنىقىغا قاتناشتى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %93.62كە يەتتى.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2150 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مائاشى 7634 يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتىلاش سوممىسى 7 مىليارد 521 مىليون يۈەنگە، سۇغۇرتا كىرىمى 57 مىليون 129 مىڭ 700 يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتا كىرىمى 44 مىليون 300 مىڭ يۈەن، جىسمانىي سۇغۇرتا كىرىمى 12 مىليون 829 مىڭ 700 يۈەن) گە يەتتى، 23 مىليون 116 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى (بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى تۆلىمى 21 مىليون 120 مىڭ يۈەن، جىسمانىي سۇغۇرتا تۆلىمى ۋە بېرىلگەن پۇل 1 مىليون 996 مىڭ يۈەن). شەھەر بويىچە 3 گېكتار ئاممىۋى كۆكۆلمەيدان بەرپا قىلىندى، 11.8 كىلومېتىر شەھەر رايونىنى سۇ بىلەن تەمىنلەش تورۇبىسى ياتقۇزۇلدى، كۈندىلىك سۇ بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى 13 مىڭ كۇب مېتىر ئاشتى. شەھەر بويىچە ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلىنىدىغان كۆلەم 193 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

يالڭ لىخۇا

## تۇرپان ئۈزۈم سەيلىسى

9 - نۆۋەتلىك جۇڭگو يىپەك يولى تۇرپان ئۈزۈم سەيلىسى 1999 - يىل 8 - ئاينىڭ 26 — 30 - كۈنىگىچە تۇرپان شەھىرىدە داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. ئۈزۈم سەيلىسى مەزگىلىدە مول مەزمۇنلۇق رەڭدار ئەدەبىيات - سەنئەت نومۇرلىرى ئورۇندالدى. ئىقتىساد - سودا كېڭىشىش پائالىيىتى، تاۋار يەرمەنكىسى قاتارلىقلار ئويۇشتۇرۇلدى. تەبرىكلەش پائالىيىتىگە رايون ئىچى ۋە سىرتىدىن بولۇپ تەخمىنەن 28 مىڭ 600 ئادەم (قېتىم)، 2660 چەت ئەللىكتىن تەشكىللەنگەن ئۆمەك قاتناشتى. مەھسۇلات سودىسىدا پۈتۈشۈش سوممىسى 1 مىليارد 466 مىليون يۈەنگە، ئىمزالانغان ئىقتىساد تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرى 17 گە يەتتى.

لى ۋېي

☆ تۇرپان شەھىرىنىڭ كىشمىش ئۈزۈمى 9 - ئايدا دۇنيا باغۋەنچىلىك كۆرگەزمىسىدە ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا، 10 - ئايدا جۇڭگو دېھقانچىلىق تېخنىكىسى كۆرگەزمىسىدە ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

يالڭ لىخۇا

# توقسۇن ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

توقسۇن ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ غەربىگە جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 162 كىلومېتىر

كېلىدۇ. 1999 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 3، يېزا 4، مەيدان 3. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 102 مىڭ 655 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 86 مىڭ 492). يېزا نوپۇسى 80 مىڭ 761. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 11.34‰، ئۆلۈش نىسبىتى 4.07‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 7.27‰. ناھىيە بويىچە 13 مىڭ 220 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 10 مىڭ 556.13 گېكتار (ئېگىز ئورنى تېرىلغۇ كۆلىمى 5220.67 گېكتار) يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 6012.2 گېكتار يەرگە كېۋەز تېرىلدى. كىلىماتى ئىنتايىن قۇرغاق بولغان ئىچكى قۇرۇقلۇق چۆللۈك كىلىماتىغا كىرىدۇ.

توقسۇن ناھىيىسىدە 6 ئېقىن بولۇپ، يىللىق ئېقىن مىقدارى 364 مىليون كۇب مېتىرغا، يىلىغا باشلىنىدىغان سۇ مىقدارى 180 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ زاپىسى 426 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. ناھىيە بويىچە ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 2.21%كە، تۈزلەڭلىكنىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 2.91%كە يېتىدۇ. ياۋايى ھايۋانلاردىن قاپلان، سۇغۇر، جەرەن قاتارلىقلار، ئاساسلىق دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن كىرەش، سوغىگۈل، قانتېپەر، چۇچۇكبۇيا، ئالقات قاتارلىقلار بار. 35 خىل قېزىلما بايلىق تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى، سۆپەتلىك كان مەھسۇلاتلىرىدىن كۆمۈر، بېنتونىت، سىمېكتىت، مەرمەر، گرانىت تاش، نىترىي قاتارلىقلار بار. بۇلاردىن كۆمۈرنىڭ زاپىسى 5 مىليارد توننىدىن ئاشىدۇ. بېنتونىت زاپىسى 115 مىليون توننا بولۇپ، نۆۋەتتە مەملىكەت ئىچىدە بايقالغان 2 - چوڭ بېنتونىت كېنى ھېسابلىنىدۇ. سىمېكتىت كېنى مەملىكەت بويىچە تۇنجى قېتىم بايقالدى، ئۇنىڭ زاپىسى 1 مىليون 700 مىڭ توننا. غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىكنىڭ بىرى قورۇقتاغ ئېلى خارابىسى، ئالغۇيىدىكى تىك قېزىلىپ ياغاچ بىلەن جابدۇقلانغان قەدىمىي قەبرە، ئاق سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت تۇر، يارداڭلىق (ئەزەلدىنلا «جىن شەھىرى» دېگەن نامى بار) قاتارلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

جكپ توقسۇن ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: سەمەت ئەيسا.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابلىمىت غوجابدۇللا.

ھاكىم: ئەخمەت رازاق.

سىياسىي كېڭەش 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: كۇجىيى (خۇيزۇ).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق،

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 28866.7 | —0.9 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 9918.6 | —0.4 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 10275.2 | —7.3 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 8672.9 | 7.1 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 44921 | 41.35 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 31.27 | —2 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 19414 | 14.44 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 109568 | تەڭلەشتى |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 15583 | —5.22 |
| بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 26068 | —4.9 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 1747 | —25.8 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 7047 | 26.4 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى.

چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 210 مىليون 750 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 146 مىليون 10 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 1.86% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 44 مىڭ 921 توننا ئاشلىق، 6267 توننا پاختا، 21 مىڭ 913 توننا قوغۇن - تاۋۇز، 6465 توننا مېۋە - چېۋە (بۇنىڭ ئىچىدە ئۈزۈم 5661 توننا)، 1118 توننا خاسىڭ، 4743 توننا كۆكتات ئېلىندى. 124.26 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، پارچە - پۇرات يەرلەرگە 150 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى. يىل ئاخىرىدا 10.93 گېكتار يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى. 4449 توننا گۆش، 6043 توننا سۈت، 638 توننا قوي يۇڭى، 41 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 7 توننا تۆگە تىۋىتى، 12 مىڭ 159 پارچە كالا تېرىسى، 96 مىڭ 421 پارچە قوي تېرىسى، 102 توننا تۇخۇم، 18 توننا ھەسەل، 75 توننا ھەرخىل سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 30 مىليون 155 مىڭ 700 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. زور قۇرۇلۇش تۈرلىرىدىن 2.5 كىلومېتىر پۈختا كەلكۈن توسمىسى، 117 كىلومېتىر ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى. 51 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى. 480 ئېرىق - ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى يۈرۈشلەشتۈرۈلدى. يېزىلاردا سۇنى ياخشىلاشقا 1 مىليون 582 مىڭ 200 يۈەن مەبلەغ سېلىندى، شۇ يىلى 11 مىڭ كىشى ۋە 23 مىڭ تۇياق چارۋىنىڭ ئىچىملىك سۈيى ھەل قىلىندى. ناھىيە «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇسابىقىسىدە ۋىلايەت بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ناھىيە بويىچە كالا، قوي بورداش كەسپىي ئائىلىسىدىن 657 سى بولۇپ، ئۇلار 275 مىڭ تۇياق چارۋىنى بورىدىدى. يېزا - بازار كارخانىسى 4011 گە، كەسپكارى 7745كە، پايدىسى 15 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى (كەنتتىن تۆۋەن ساناائەتنىڭمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 224 مىليون 146 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 187 مىليون 289 مىڭ 500 يۈەن) بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 2.26% كېمەيدى. 49 مىليون 470 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 3266.5 توننا پاختا، 430 توننا قىسقا پاختا تىۋىتى، 2775 توننا پاختا يېپ، 400 مىڭ توننا كۆمۈر، 82 مىليون 400 مىڭ دانە خىش، 2000 كۋادرات مېتىر گرانت تاش، 50 توننا ئېغىبدرىن، 156 توننا ئارىلاشما ئوغۇت، 1000 توننا ئاكتىپ ئاق توپا، 10 مىڭ توننا گەج، 1915 توننا گەج پاراشوكى، 4920 توننا شور، 5050 توننا ئۇن، 115 توننا ئارىلاشما يەم - خەشەك، 50 توننا گىل، 1730 كۇب مېتىر سېمونت قۇيۇلما، 1988.5 توننا سۇلفات كىسلاتاسى، 1593 توننا ئاق ھاراق، 380 توننا مىنېرال سۇ، 149.2 توننا كاربونات كىسلاتالىق ئىچىملىك ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 50 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 68 مىڭ 149.3 كۋادرات مېتىر ئۆي - ئىمارات قۇرۇلۇشى باشلىنىپ، 8712.8 كۋادرات مېتىرى پۈتتى. شەھەرنى سۇ بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى كۈنىگە 1600 كۇب مېتىرغا يەتتى، يۇندا تورۋىسى 1000 مېتىر ئۇزارتىلدى. 15.7 كىلومېتىر شەھەر يولى كېڭەيتىلدى. 3 تۈردە توختام ئىمزالاندى، پۇتۇشۇش سوممىسى 40 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە، كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 30 مىليون يۈەنگە يەتتى. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 48 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا (بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى ترانسپورت كەسپىنىڭ 36 مىليون ئادەم - كىلومېتىر)، يۈك ئوبوروت مىقدارى 12 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 7 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تېلېگراف كەسپىنىڭ كىرىمى 7 مىليون يۈەن، يىل ئاخىرىدىكى كوممۇتاتورنىڭ سىغىمچانلىقى 12 مىڭ 910 توچكىغا، تېلېفون ئابونېنتى 6750كە، يانتېلېفون ئابونېنتى 376 گە، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە، پوچتا پۇل ئامانەت سوممىسى 64 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بازار سودىسىدا پۈتۈشۈلگەن سومما 46 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 48 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

يىل ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 499 (بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىك تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 43). يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى بويىچە 82 قارار كۇرس ئېچىلىپ، دېھقان، چارۋىچىلاردىن 20 مىڭ 921 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى، 69 مەيدان (قېتىم) پەن - تېخنىكا سىنئالغۇ فىلىمى قويۇلدى، ئۈزۈمچىلىك تېخنىكىسىغا دائىر 17 مىڭ پارچە ماتېرىيال، 5210 نۇسخا پەن - تېخنىكا كىتابى تارقىتىلدى. 524 ئائىلە پەن - تېخنىكا بويىچە تەربىيىلەندى. 5 قېتىم پەن - تېخنىكىنى يېزىلارغا يۆزلەندۈرۈش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇلدى. 14 پەن - تېخنىكا تەجرىبىسى ئىشلەندى. غولبويى يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئوسمانجان ياسىغان ھەم گۈرجەك ھەم كەتمەن قىلىپ ئىشلەتكىلى بولىدىغان دېھقانچىلىق سايمىنى 1999 - يىللىق ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار - ئۆسمۈرلەر پەن - تېخنىكا ئىجادىيەت ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسىدە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ناھىيىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 50، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 938 (مىللىي 783)، ئوقۇغۇچىسى 12 مىڭ 168 (مىللىي 10 مىڭ 537)؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 9، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 715 (مىللىي 581)، ئوقۇغۇچىسى 8492 (مىللىي 7618)، بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 2044 (مىللىي 1889)؛ كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 42 (مىللىي 34)، ئوقۇغۇچىسى 122 (ھەممىسى مىللىي)؛ رادىئو - تېلېۋىزىيە ئارقىلىق ئوقۇتۇش نۇقتىسى بىر، كۆرسىتىش 158. چوڭلار ئوتتۇرا دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك رادىئو مەكتىپى بىر، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 5 (مىللىي 4)، ئوقۇغۇچىسى 108 (مىللىي 43)، بالىلار باغچىسى 2 (مىللىي بالىلار باغچىسى بىر)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 50، باغچىدىكى بالا 515 (مىللىي 354). رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %90كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98كە يەتتى. ناھىيە بويىچە 10 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 309 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 244)، 323 كارىۋات (يېزا - بازاردىكىسى 103) بار. ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدىكى تەنھەرىكەت ماھىرلىرى 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، 6 كۈمۈش مېدال، 3 مىس مېدال ئالدى. ناھىيە تەنھەرىكەتچىلىرى ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا قاتنىشىپ، 74 كىلوگراملىقلار ئارا خەلقئاراچە چېلىشىش تۈرىدە بىر مىس مېدال ئالدى.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1766 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 7182 يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا كەسپىنىڭ سۇغۇرتىلاش سوممىسى 437 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە، مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ سۇغۇرتا ھەق كىرىمى 4 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە، جىسمانىي سۇغۇرتىنىڭ سۇغۇرتا ھەق كىرىمى 6 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە 2 مىليون 420 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى، جىسمانىي سۇغۇرتا بويىچە 1 مىليون 50 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى ۋە پۇل بېرىلدى. 1 مىليون 296 مىڭ 800 يۈەن تۇرلۇك قۇتقۇزۇش پۇلى، 29 مىڭ 600 يۈەن ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش - ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش پۇلى تارقىتىلدى. 1998 — 1999 - يىللىرى كۆلىمى 15 مىڭ 176.8 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان 6 كورپۇس ماكانلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى تۇرالغۇ ئۆي بىناسى پۈتتى. بۇلارغا 10 مىليون 486 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

ناھىيە تەۋەسىدىكى دۆلەت يولى «314» لىنىيىسىنىڭ 5 كىلومېتىر قىسمىنى رېمونت قىلىشقا 4 مىليون 340 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، ھازىر ئىشلىتىلىۋاتىدۇ. ناھىيە بويىچە قاتناۋاتقان ئاممىۋى قاتناش ئاپتوبۇسى 231 گە، يولۇچى توشۇش لىنىيىسى 15كە، يىل ئاخىرىدا كىرا قىلىۋاتقان ئاپتوبۇس 102گە، موتسىكلىت (يولۇچى توشۇيدىغان) 190گە يەتتى.

☆ توقسۇن ناھىيىسىنىڭ كۆچەي بازارلىق كۆمۈر كانىنىڭ 1 - قۇدۇقىدا 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى كېچىنىڭ ۋاقتى سائەت 12 دە كاربون چالا ئوكسىدىدىن زەھەرلىنىپ 3 ئادەم ئۆلۈشتەك زور مەسئۇلىيەتسىزلىك ھادىسىسى يۈز بەردى.

☆ توقسۇن ناھىيىلىك هاراق زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان «شجۇچۇەن» ماركىلىق بەيلياڭيې هارىقى بىلەن «تيەنشۆ» ماركىلىق مىنېرال سۇ مەملىكەتلىك 11 - نۆۋەتلىك كەشپىيات كۆرگەزمىسىدە ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ما جيىڭ

# پىچان ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

پىچان ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي بۆلىكىدىكى بوغدا چوققىسىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 287 كىلومېتىر، تۆمۈريول مۇساپىسى 283.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 5، يېزا 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 201 مىڭ 586 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 139 مىڭ 928)، يېزا نوپۇسى 164 مىڭ 974. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰13.6، ئۆلۈش نىسبىتى ‰4، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰9.6. ناھىيە بويىچە 14 مىڭ 710 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 10 مىڭ 30 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 3400 گېكتار يەرگە كېۋەز تېرىلدى، 9650 گېكتار يەرگە ئۈزۈم كۆچىتى تىكىلدى، 2660 گېكتار يەرگە قوغۇن تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاق قۇملۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

پىچان ناھىيىسى ئۈزۈم، كېۋەز ۋە قوغۇننى ئاساس قىلغان ئالاھىدە ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى راۋاجلاندۇرۇش رايونى ھېسابلىنىدۇ. ئاساسلىق قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، ئالتۇن، تۆمۈر رۇدىسى، گرانىت تاش، شور، نېفىت قاتارلىقلار بار. «چوغلۇق پىچان» گرانىت تېشى دۆلەتنىڭ داڭلىق ئالاھىدە مەھسۇلاتى بولۇپ باھالاندى. ساياھەت مەنزىرە

ئۆقتىلىرىدىن قۇمتاغ باغچىسى، كۆكيار سۇ ئامبىرى قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ پىچان ناھىيىلىك 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: خۇاڭ جىجۇڭ.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابدۇرېھىم سەيپۇل.

ھاكىم: باھادىر ئابدۇلھېلىم.

سىياسىي كېڭەش 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئابدۇرېشىت ئەخمەت.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 485 مىليون 590 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 494 مىليون 100 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 9.36% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 40 مىڭ 335 توننا ئاشلىق، 4488 توننا پاختا، 185 مىڭ 700 توننا ئۈزۈم، 63 مىڭ 600 توننا قوغۇن - تاۋۇز ئېلىندى. 202 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. 351.5 توننا قوي گوشى، 550 توننا كالا گۆشى، 85 توننا سۈت، 686 توننا قوي يۇڭى، 7 توننا تۆگە يۇڭى، 113 مىڭ 600 پارچە قوي تېرىسى، 2650 پارچە كالا تېرىسى، 75 توننا بېلىق ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 41 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 14 مىڭ 710 گېكتار يەر سۇغىرىلدى، 213.33 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى. يېزا - بازار كارخانىسى 6998 گە، كىرىمى 620 مىليون 190 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 93 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 711 مىليون 712 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 1 مىليارد 294 مىليون 317 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 4.8% ئاشتى. سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 651 مىليون 520 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكىنىڭ 2 مىليارد 501 مىليون 250 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 10.8% ئاشتى. 2 مىليون 899 مىڭ توننا نېفىت، 236 مىڭ توننا كۆمۈر، 1258 كىلوگرام ئالتۇن، 91 مىڭ توننا سېمونت، 311 مىڭ توننا تۆمۈر رۇدىسى، 103 مىڭ 400 توننا تۆمۈر ئۇۋۇندىسى، 1130 توننا ناترىي نىترات، 16 مىڭ 300 توننا ئادالانغان قۇرۇق ئۈزۈم، 1621 توننا ئۈزۈم ھارىقى، 850 توننا پاختا يىپ، 15 مىڭ 516 كۇب مېتىر گرانىت تاش ماتېرىيال، 28 مىڭ 208 كۋادرات مېتىر گرانىت تاختا ئىشلەپچىقىرىلدى. يېقىندىن كۆپەيتىلگەن ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى مۇنۇلار: يىلىغا قېزىلىدىغان سۇنئىي باي تۆمۈر رۇدىسى 200 مىڭ توننا، يىلىغا قېزىلىدىغان ئالتۇن رۇدىسى 330 مىڭ توننا. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 1 مىليارد 958 مىليون 970 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكىگە سېلىنغىنى 1 مىليارد 734 مىليون 480 مىڭ يۈەن. بىر يىلدا نۇقتىلىق تۈرلەردىن 40 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان كەرچى سۇ ئامبىرىنىڭ چالىسى تاماملاندى. 25 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان كوناشەھەر يولىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى تاماملاندى. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 392441 | 8.8 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | 33.41 | 2.58 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 58619 | 7.3 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | 229926 | 4.61 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | 20836 | 1.08 |
| بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | 84909 | 7.32 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | 15641 | 16.1 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | 15931 | 4.85 |

31 مىليون930 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 32 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە، پروگراممىلىق تېلېفون 14 مىڭ 110 توچكىغا، يانتېلېفون ئابونېنتى 2719 غا يەتتى. بازار سودىسىدا يۈتۈشۈلگەن سومما 90 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم 747. ناھىيىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 23، ئوقۇغۇچىسى 14 مىڭ 188 (مىللىي 12 مىڭ 252)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 1083 (مىللىي 846)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 66، ئوقۇغۇچىسى 27 مىڭ 688 (مىللىي 21 مىڭ 328)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 1719 (مىللىي 1199)، مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 7 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 3 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ چالا قالغان قۇرۇلۇشى پۈتتى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %90كە يەتتى. پۈتمىگەن قۇرۇلۇشلاردىن 6 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان مائارىپ كومىتېتىنىڭ مەدەنىيەت مەركىزى بىناسى بىلەن مەركىزىي باللار باغچىسى قۇرۇلۇشى بار. ناھىيە بويىچە 18 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 66 يەككە شىپاخانا، 743 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 348 كارىۋات بار. ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدىكى تەنھەرىكەت ماھىرلىرى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، 6 سى 1 -، 2 سى 2 -، 8 ى 3 - بولدى.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2348 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 7786 يۈەنگە يەتتى. مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 7 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە، جىسمانىي سۇغۇرتا كىرىمى 8 مىليون 160 مىڭ يۈەنگە يەتتى، مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە 1 مىليون 640 مىڭ يۈەن، جىسمانىي سۇغۇرتا بويىچە 1 مىليون 550 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى. ئىجتىمائىي كاپالەتلەندۈرۈش سىستېمىسىغا قاتناشقان 255 كەسپىي ئورۇن ۋە يەككە سودا - سانائەت ئورنىدىكى 3744 كىشىگە، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىنى بىر تۇتاش تەييارلاشقا قاتناشقان 145 ئورۇندىكى 5369 كىشىگە، تېببىي داۋالاش خىراجىتىنى جەمئىيەتتىن تەييارلاشقا قاتناشقان 206 ئورۇندىكى 12 مىڭ 808 كىشىگە 504 مىڭ 600 يۈەن كاپالەت پۇلى تارقىتىلدى. پىچان ناھىيە بازىرى ئۆزدا 3 يىل ئاپتونوم رايون بويىچە تازىلىقتا قىزىل بايراقدار ناھىيە بازىرى بولۇپ باھالاندى. پىچان ناھىيىلىك لەمگەلىك - ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سۇغۇرتىسىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى «1999 - يىللىق ئاپتونوم رايونلۇق ياشانغانلار كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسى بويىچە ھەق ئېلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش خىزمىتىدە ئىلغار ئورۇن» ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە «ئۈچتە ئەلا مەدەنىي كۆزنەك» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

☆ مەملىكەتلىك پاكىز ناھىيە بازارلىرىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش گۇرۇپپىسى 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى پىچان ناھىيىسىگە «مەملىكەت بويىچە پاكىز ناھىيە بازىرى» دېگەن نام بەردى.

يىن گۈيخۇا

# قۇمۇل ۋىلايىتى

## ئاساسىي ئەھۋالى

قۇمۇل ۋىلايىتى ئاپتونوم رايوننىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان. مەمۇرىي مەھكىمە تۇرۇشلۇق جايدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 595 كىلومېتىر، تۆمۈريول مۇساپىسى 574 كىلومېتىر. 1999 - يىلى ۋىلايەتكە قاراشلىق شەھەر بىر، ناھىيە 2. ۋىلايەتنىڭ يىل ئاخىرىدىكى نوپۇسى 484 مىڭ 500 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 154 مىڭ 300)، يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 243 مىڭ 400؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰11.09، ئۆلۈش نىسبىتى ‰4.19، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰6.9. ۋىلايەت بويىچە 37 مىڭ 900 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 20 مىڭ 200 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 6300 گېكتار يەرگە كېۋەز، 2600 گېكتار يەرگە قوغۇن، تاۋۇز تېرىلدى، 3700 گېكتار يەرگە مېۋىلىك دەرەخ تىكىلدى. كىلىماتى تىپىك قۇرغاقلىق تىپىدىكى كىلىماتقا كىرىدۇ.

قۇمۇل ۋىلايىتىدىن قوغۇن، تاۋۇز، ئۈزۈم، چىلان قاتارلىقلار كۆپ چىقىدۇ. ۋىلايەت بويىچە 1999 - يىلدىكى ئورمان كۆلىمى 209 مىڭ 400 گېكتار، پايدىلانغىلى بولىدىغان ئوتلاق كۆلىمى 3 مىليون 346 مىڭ گېكتار، پايدىلانغىلى بولىدىغان سۇ بايلىقى 1 مىليارد 695 مىليون كۇب مېتىر. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن ياۋا تۆگە، بۇغا، يىلپىز، جەرەن قاتارلىقلار، دورىلىق ياۋا ئۆسۈملۈكلەردىن چۈچۈكبۇيا، چاكاندا، قانتېپەر، پەربۇن، قار لەيلىسى قاتارلىقلار بار. ۋىلايەت تەۋەسىدە 76 خىل قېزىلما بايلىق بارلىقى ئېنىقلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە كۆمۈر، تۆمۈر، مىس، نىكېل، ئالتۇن، كالىي تۇزى، تاش ماتېرىيال، شور،

چىرىندى كىسلاتاسى قاتارلىق ئەۋزەللىككە ئىگە بايلىقلار بار. كۆمۈرنىڭ ئېنىقلانغان زاپىسى 80 مىليارد توننا، چىرىندى كىسلاتاسىنىڭ بايلىق زاپىسى 370 مىليون توننا بولۇپ، 3 تۈرلۈك مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىلدى، مۇئەييەن كۆلەمگە ئىگە «FA قۇرۇقلۇق ئەجدىھاسى» نىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى كەڭ؛ تۆمۈر رۇدىسى زاپىسى 278 مىليون توننا، ماگنىتلىق تۆمۈر رۇدىسى مەملىكەت بويىچە ئاز ئۇچرايدىغان مول دورا دەپ بېكىتىلدى؛ مىس، نىكېل زاپىسى 1 مىليون 460 مىڭ توننا (مېتال توننا).

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قۇمۇل ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: چيەن جى، مۇئاۋىن شۇجىلار: ئابدۇراخمان كېرىم، فېڭ شىجۇن، چېن كاڭتۇەن (6 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قۇمۇل ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئايۇپ قۇربان؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: خەلىچەخان ياقۇپ (3 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، شۇ مېيجيې (9 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، بەكرى ئىلياس (9 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ۋۇ ۋېنشياڭ (9 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ياڭ خۇيدۇەن (9 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى).

ۋالىي: ئابدۇراخمان كېرىم؛ مۇئاۋىن ۋالىيلار: چېن پېيرۇڭ، زەكەن قاپشا (قازاق)، لى شۇشەن، جاڭ شېڭدى، كۇرەش مەخسۇت، يې يۇشىن.

سىياسىي كېڭەش ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: جاڭ بىڭجيا، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: توختىخان ئىسمائىل، تۇرسۇن سۇتاي (قازاق)، نىي پېيفەن، قادىر ياقۇپ، لياڭ شىجۇن (10 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى ۋىلايەت بويىچە يېزا ئىگىلىكىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 426 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %2.4 ئاشتى. 90 مىڭ 480 توننا ئاشلىق، 7504 توننا پاختا، 45 مىڭ 415 توننا قوغۇن - تاۋۇز، 25 مىڭ 642 توننا مېۋە - چېۋە، 88 مىڭ 587 توننا كۆكتات ئېلىندى. مۇشۇ يىلى 1013.3 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ۋىلايەت بويىچە يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمى 875

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | | 30.96 | 7.43 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 6.29 | 2.9 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 11.27 | 7.7 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 13.40 | 12 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 90480 | —14.4 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 113.46 | 2 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 44974 | 8.8 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (تۈمەن كىلوۋات) | | 20.27 | 3.9 |
| تاشقى سودا ئىمپورت، ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن دوللار) | | 1076 | —15.7 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 107407 | 6.1 |
| شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 355161 | 15.1 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 16583 | 14 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 34489 | 17.4 |

ئىزاھ: جەدۋەلدىكى تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىك بازىسىنىڭكىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 0.95% ئاشتى، بېزىلارنىڭ ساپ ئىقتىسادىي كىرىمى 316 مىليون 420 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2.52% تۆۋەنلىدى.

سانائەت قوشۇلما قىممىتى 688 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 7.5% ئاشتى. كۆلەم بويىچە قارىغاندا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مۇستەقىل ھېساباتى قىلىدىغان بارلىق كارخانىلار ۋە غەيرىي دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ سېتىش كىرىمى 5 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان كارخانىلارنىڭ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 585 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يەتتى، كۆلەمگە يەتمىگەن سانائەت كارخانىلىرىنىڭ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 103 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يېنىك، ئېغىر سانائەت بويىچە قارىغاندا، ئېغىر سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 562 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە، يېنىك سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 126 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

مۇشۇ يىلى 610 مىليون 260 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 2 مىليون 593 مىڭ توننا كۆمۈر، 274 مىڭ توننا سېمونت، 38 مىڭ 400 كۋادرات مېتىر گرانىت تاش ماتېرىيال، 793 مىڭ توننا كۆمۈر رۇدىسى، 10 مىڭ 388 توننا پاختا يىپ، 1 مىليون 400 مىڭ دانە ئۈچەي، 30 مىڭ توننا ناترىي كاربونات (ساپ شۈلتا)، 26 توننا ئېفېدرىن ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 99.2%كە، سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئۇنىۋېرسال كۆرسەتكۈچى 78.4%كە يەتتى.

1999 - يىلى ۋىلايەت بويىچە 4 - دەرىجىلىكتىن يۇقىرى بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 50 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 248 تۈردە ئىش باشلاندى. بىناكارلىق كارخانىلىرىدىكى بارلىق خادىملارنىڭ ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى كىشى بېشىغا 12 مىڭ 907 يۈەنگە، پايدىسى 11 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 569 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 347 مىليون 210 مىڭ يۈەن، تېخنىكا يېڭىلاش، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 127 مىليون 820 مىڭ يۈەن، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 29 مىليون 780 مىڭ يۈەن. شۇ يىلى تۇراقلىق مۈلۈك 358 مىليون 580 مىڭ يۈەن كۆپەيدى. كۆپەيگەن پروگراممىلىق كوممۇتاتور 37 مىليون لىنىيە ئۆزگەرتىلدى، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون كابېلى 62 كىلومېتىر ئۆزگەرتىلدى. ئۈنۈملۈك سۇغىرىش كۆلىمى 333.33 گېكتار كۆپەيدى، ئاشلىق ئامبىرىنىڭ سىغىمچانلىقى 50 مىڭ توننا كۆپەيدى. ۋىلايەت تەۋەسىدىكى «312» دۆلەت تاشيولىنى كېڭەيتىش، يېزا ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىش، قۇمۇلنى بىنالاشتۇرۇش، شەھەر قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ۋە كۆكەرتىش قاتارلىق ۋىلايەتنىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى ئوڭۇشلۇق ئىشلەندى. كالىيلىق تۇز، تاش ماتېرىيالى ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىش، شارسىمان رۇدا قاتارلىق يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان، پەن - تېخنىكا ئۆزگەرتىلىدىغان تۈرلەر ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلدى. مۇشۇ يىلى ۋىلايەت بويىچە تۈرلۈك قاتناش قوراللىرىدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 16 مىليارد 120 مىليون توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 4 مىليارد 60 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 89 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى تېلېفون كوممۇتاتور سىغىمچانلىقى 83 مىڭ توچكىغا، تېلېفون 52 مىڭغا يېتىپ، ھەر مىڭ ئادەمگە 107 دىن تېلېفون توغرا كەلدى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

1999 - يىلى ۋىلايەت بويىچە دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكى تۈرلۈك كەسپىي تېخنىكا خادىمى 10 مىڭ 180. مۇستەقىل تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئاپپاراتى 4، پەن - تېخنىكا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىم 100، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 12. شۇ يىلى قۇمۇل چىلىنى، كۆزلۈك قوغۇن، تۇپراقسىز ئۆستۈرۈش، چىرىندى كىسلاتاسى ئارقىلىق تۇپراقنى ياخشىلاش دورىسىنى سىناق قىلىش، تەبىئىي ئوتلاقنى ياخشىلاش ۋە چارۋىچىلىقتا ئۈنۈمۈرسال باقمىچىلىقتىن ئۈلگە كۆرسىتىش قاتارلىق «ئۇچقۇن» پىلانى تۈرلىرى يولغا قويۇلدى. 2 تۈر ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 4 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ۋىلايەت بويىچە يىل ئاخىرىدىكى تۈرلۈك مەكتەپلەر 333، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي مەكتەپ 2، ئوتتۇرا تېخنىكوم 7، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 36، ئادەتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 88؛ ئوقۇغۇچىسى 110 مىڭ 800 (مىللىي 34 مىڭ 200)؛ يىل ئاخىرىدىكى تۈرلۈك مەكتەپلەردىكى مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 6432 (مىللىي 3236). ۋىلايەت بويىچە 3 سەنئەت ئۆمىكى، 2 ئاممىۋى كۇتۇپخانا، 4 ئاممىۋى مەدەنىيەت يۇرتى، 33 مەدەنىيەت پونكىتى، 3 مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئاپپاراتى بار. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 70.3%كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 92.8%كە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە 75 سەھىيە ئاپپاراتى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا ۋە شىپاخانا 48، كارىۋات 2439، تۈرلۈك سەھىيە تېخنىكا خادىمى 3272، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 1399. 1999 - يىلى ئاپتونوم

رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تۈرلۈك تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىدە ۋىلايەت تەنھەرىكەتچىلىرى 3 ئالتۇن مېدال، 4 مىس مېدال ئالدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 9 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ تېز تېيىلىش مۇسابىقىسىدە 2 كىشى 2 تۈردە 3 قېتىم ئاپتونوم رايوننىڭ چوڭلار رېكورتىنى، 9 كىشى 9 تۈردە 19 قېتىم ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆسمۈرلەر «ئا» گۇرۇپپىسىنىڭ رېكورتىنى بۇزدى. 2 تەنھەرىكەتچى شىنجاڭ كوماندىسىغا ۋاكالىتەن مەملىكەتلىك 6 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ گۈلەڭگۈچ مۇسابىقىسىغا قاتنىشىپ، كوللېكتىپ 2 - بولدى.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1695 يۈەنگە، ۋىلايەت بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاش ئومۇمىي سوممىسى 453 مىليون 67 مىڭ يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مائاشى 8087 يۈەنگە يەتتى. شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت تۈزۈمى ئاساسەن ئورنىتىلدى. مۇشۇ يىلدا ۋىلايەت بويىچە 747 ئائىلىدىكى 3457 كىشىگە جەمئىي 1 مىليون 900 مىڭ يۈەن كاپالەت سوممىسى تارقىتىپ بېرىلدى. پاراۋانلىق كارخانىلىرىغا 470 كىشى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە مېيىپ ئىشچى - خىزمەتچى 262. 1999 - يىلى جەمئىي 3 مىليون 900 مىڭ يۈەن ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىلدى. 1999 - يىلى ۋىلايەتلىك مۇھىت ئاسراش، نازارەت قىلىش پونكىتى دۆلەتلىك ئاتموسفېرانىڭ بۇلغىنىشىنى تىزگىنلەش تور - پونكىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئاتموسفېرا، سۇنىڭ سۈپىتى، شاۋقۇن - سۈرەن قاتارلىقلارنى دائىملىق نازارەت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئوڭۇشلۇق تاماملاپ، شەھەر رايونىدىكى 61 پار قازان، 39 سانائەت كارخانىسىنىڭ بۇلغاش مەنبەسىنى نازارەت قىلدى، جەمئىي 1899 سانلىق مەلۇمات ئۆلچەندى.

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى بىلەن نوپۇس ۋىلايەت تەۋەسىدىكى بىڭتۇەننىڭ سانلىق مەلۇماتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندىن باشقا، قالغانلىرى بىڭتۇەننىڭ سانلىق مەلۇماتىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

سۇ كۈيجۈن

# قۇمۇل شەھىرى

## ئاساسىي ئەھۋالى

قۇمۇل شەھىرى ئاپتونوم رايوننىڭ شەرقىي قىسمىغا، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 595 كىلومېتىر، تۆمۈريول مۇساپىسى 574 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق بازار 4، يېزا 15 (مىللىي يېزا 2)، مەھەللە ئىش باشقارمىسى 3. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (رايون بويىچە ئېلىنغان سان) 364 مىڭ 796 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 109 مىڭ 60)، يېزا نوپۇسى 151 مىڭ 121؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰11.34، ئۆلۈش نىسبىتى ‰4.36، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰6.98. شەھەر بويىچە 15 مىڭ 450 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 6640 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېگىز ئورنى تېرىلغۇ كۆلىمى 1520 گېكتار، 11 مىڭ 310 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېگىز ئورنى تېرىلغۇ كۆلىمى 1870 گېكتار. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

قۇمۇل شەھىرى تەۋەسىدە بايقالغان ۋە تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلاردىن 76 خىلى، ئاساسلىقى كۆمۈر، تۆمۈر، ئالتۇن، تۇز، گرانىت تاش، مەرمەر قاتارلىقلار. قۇمۇل داڭلىق قوغۇن ماكانى بولۇپ، 2000 يىلدىن ئارتۇق قوغۇن تېرىش تارىخىغا ئىگە، سورتى 31 خىلدىن ئاشىدۇ. قۇمۇل چىلىنى چوڭ، پوستى نېپىز، گۆشى قېلىن، تاتلىق، ئۇرۇقچىسى كىچىك بولۇش بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا داڭلىق. داڭلىق ساياھەت نۇقتىلىرىدىن قۇمۇل تەڭرىتاغ مەنزىرىلىك رايونى (تەڭرىتاغ بۇتخانىسى، خۇەنسېگو، خەنزۇچە يېزىق پۈتۈلگەن ئابىدە، سۇڭگۇچتام مەنزىرە رايونى، ئاۋازلىق قۇمتاغ مەنزىرە رايونى، ئاقتاش مەنزىرە رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) قۇمۇل ۋاڭلىرى قەبرىستانلىقى قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قۇمۇل شەھەرلىك 3 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: مىي داچۈەن.

6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: گەن شىشيەن (خۇيزۇ).

شەھەر باشلىقى: مۇھەممەت بارات (10 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ئابدۇرېھىم ئابلىز (10 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئەخمەت پەيزۇللا.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى شەھەر بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 373 مىليون 57 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى

### خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 ـ يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 265751 | 7.5 |
| يۇنىڭ ئىچىدە: | 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 40512 | —2.1 |
| | 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 102498 | 5.7 |
| | 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 122741 | 14 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (تونىا) | | 32295 | —34.37 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 44.43 | 1.18 |
| يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (يۈەن) | | 29210 | 1.6 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (تۈمەن كىلوۋات) | | 96918 | 4.23 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 44262.3 | 0.88 |
| شەھەر ـ يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 328478 | 16.8 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 11705 | 16.8 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 12664 | 16.4 |

**ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە بويىچە 1 مىليارد 451 مىليون 580 مىڭ يۈەن.**

ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 222 مىليون 195 مىڭ 700 يۈەن) گە يېتىپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن %8.0 ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە). 32 مىڭ 295 تونىنا ئاشلىق، 2766 تونىنا ياغلىق دان، 7460 تونىنا پاختا ئېلىندى، 891 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. 9745 تونىنا گۆش، 2300 تونىنا سۈت، 90 تونىنا چۈپۈر، 501 تونىنا قوي يۇڭى، 23 تونىنا تۆگە يۇڭى، 78 مىڭ 400 پارچە ئۆچكە تېرىسى، 186 مىڭ 100 پارچە قوي تېرىسى، 14 مىڭ 600 پارچە كالا تېرىسى ئېلىندى. ئېتىز ـ ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 39 مىليون 250 مىڭ 500 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 1000 گېكتار يەر يۇقىرى ئۆلچەم بويىچە سۇ تېجەپ سۇغىرىلىدىغان، 726.7 گېكتار يەر يۇقىرى ئۆلچەم بويىچە پۇركۈپ، تېمىتىپ سۇغىرىلىدىغان بولدى، سۇغىرىش كۆلىمى 2908.7 گېكتار كۆپەيدى. 2060 گېكتار سۇغىرىش كۆلىمى ياخشىلاندى. ھەربىرى 6.0112 كىلومېتىر كېلىدىغان 5 كارىز قېزىلدى، 129 قۇدۇق قېزىلىپ، 88 قۇدۇق يۈرۈشلەشتۈرۈلدى، 8900 گېكتار قاشالانغان ئوتلاق كۆپەيتىلدى. يېزا ـ بازار كارخانىسى 6859 غا، كىرىمى 296 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 485 مىليون 640 مىڭ يۈەن (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 345 مىليون 330 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن %16 ئاشتى. 38 مىڭ 357 تونىنا كۆمۈر، 26 مىڭ تونىنا تۇز، 739 تونىنا سۇلياۋ ياسالما، 20 مىڭ 600 تونىنا سېمونت، 2881 تونىنا تۆمۈر قېتىشمىسى، 428 تونىنا بىناكارلىق مېتال بۇيۇمى، 4899 تونىنا پىۋا، 3600 قۇر كىيىم ـ كېچەك ئىشلەپچىقىرىلدى. 1999 ـ يىلى قۇمۇل شەھىرى 62 مىڭ 94.225 سەر ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ ئالتۇن مەھسۇلاتى بويىچە 1 ـ بولدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 246 مىليون 20 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. تۆمۈريولدا توشۇلغان يولۇچى 801 مىڭ ئادەم ـ قېتىمغا، تاشيولدا توشۇلغان يولۇچى 3 مىليون 951 مىڭ 300 ئادەم ـ قېتىمغا، تۆمۈريولدا توشۇلغان يۈك 5 مىليون 30 مىڭ توننىغا، تاشيولدا توشۇلغان يۈك 7 مىليون 20 مىڭ 500 توننىغا يەتتى. پوچتا ـ تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 76 مىليون 468 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا) گە، تېلېفون ئابونېنتى 44

سېغا، يانتېلېفون ئابونېنتى 7323كە يەتتى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 30 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

شەھەر بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 1998. شەھەردىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم بىر، ئوقۇغۇچىسى 296 (مىللىي 105)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 24 (مىللىي 11)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 222 (مىللىي 29)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 66 (مىللىي 3)؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 17، ئوقۇغۇچىسى 10 مىڭ 75 (مىللىي 5898)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 823 (مىللىي 500)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 29، ئوقۇغۇچىسى 17 مىڭ 669 (مىللىي 7548)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 1840 (مىللىي 1190). يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %76كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %90.6كە يەتتى. شەھەر بويىچە 26 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 653 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 391)، 292 كارىۋات بار. ئاپتونوم رايون بويىچە 8 - ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن بوكسىيورلۇق لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىدە دىلشات ئىبراھىم 54 كىلوگراملىقلار بويىچە 3 - بولدى.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1848 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 7724 يۈەنگە، مال - مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 20 مىليون 423 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 10 مىليون 322 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى. قومۇل شەھىرىدىكى بۆلۈم دەرىجىلىكتىن يۇقىرى 243 كادىر 747 نامرات ئائىلىنى ھۆددىگە ئالدى. شۇ يىلى 304 ئائىلىدىكى 1078 كىشىنىڭ كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسى ھەل بولدى.

ئايشەم ياقۇپ

# ئاراتۈرۈك ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

ئاراتۈرۈك ناھىيىسى شەرقىي تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان، ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 761 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق يېزا 6، بازار بىر. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 18 مىڭ 766 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 12 مىڭ 647)، يېزا نوپۇسى 13 مىڭ 600؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰10.5، ئۆلۈش نىسبىتى ‰4.56، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰5.94. ناھىيە بويىچە 3910 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 850 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 1770 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

قوغۇننىڭ «ئالتۇن خانىش» سورتى ئارا تۈرۈكنىڭ يەرلىك داڭلىق مەھسۇلاتى بولۇپ، 1993 - يىلى نومدا ئىشلەپچىقىرىلغان قوغۇن ۋىلايەت بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك قوغۇن سەيلىسىدە ئالتۇن مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 1998 - يىلى يەنە تاۋار قوغۇن ئىشلەپچىقىرىش بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. «تۇركۆل» ماركىلىق (تاۋار ماركىسى ئېلىشقا ئىلتىماس قىلىندى) «قومۇل تۇركۆل قويى» داڭلىق گۆش قويى بولۇپ، «سوۋغاتلىق گۆش» دېگەن نامى بار. ئارا تۈرۈك ناھىيىسى تەۋەسىدە يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارى 117 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ زاپىسى 2 مىليارد 220 مىليون كۇب مېتىرغا، تەبىئىي تولۇقلىنىدىغىنى 51 مىليون 500 مىڭ كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. نوم ئويمانلىقىدا ئۆزلەشتۈرگىلى بولىدىغان 25 مىڭ 300 گېكتار يەر بار. ناھىيە بويىچە 558 مىڭ 300 گېكتار تەبىئىي ئوتلاق (ئارا تۈرۈك ھەربىي ئاتچىلىق فېرمىسىنىڭ يېرى بۇنىڭ سىرتىدا) بار. كان بايلىقىدىن ئالتۇن، مىس، تۆمۈر، كۆمۈر قاتارلىقلار بار. ناھىيە تەۋەسىدە مەشھۇر ساياھەت نۇقتىلىرىدىن مەشھۇر ئارا تۈرۈك ئاۋازلىق قۇم تېغى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئارا تۈرۈك ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: يەن جيامىڭ.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئايمۇھەممەت ھېيتنىياز.

ھاكىم: ھەسەن نىياز.

سىياسىي كېڭەش 13 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: يۇنۇس بەھرىم.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 63 مىليون 287 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 25 مىليون 82 مىڭ 500 يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %0.23 (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) ئاشتى. 3131 تونىنا ئاشلىق، 347 تونىنا ياغلىق دان، 300 تونىنا پاختا، 18 مىڭ 525 تونىنا قوغۇن

### خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | جەمئىي | 1998 ـ يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 8604 | 22.2 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | 3131 | —2.8 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | 17.5 | 2.98 |
| يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 1570 | 0.9 |
| دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | 9187 | 16.75 |
| تاشقى سودا ئىمپورت ـ ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | 60 | 21.2 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | 1900 | —6.5 |
| بازار ـ يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | 4759 | 46.83 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | 90 | 13.92 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | 3136 | 9.11 |

ئىزاھ: مىللىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 40 مىليون 280 مىڭ يۈەن.

(تاۋار قوغۇن) ئېلىندى. 64 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. 1458 توننا گۆش، 700 توننا سۈت، 9.5 توننا قوي تىۋىتى، 72 مىڭ 400 پارچە تېرە ئېلىندى. ئېتىز ـ ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 3 مىليون 278 مىڭ 400 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 206.3 گېكتار بوزيەر ئېچىلدى، ئوتتۇرا، تۆۋەن ھوسۇللۇق 422.5 گېكتار ئېتىز ئۆزگەرتىلدى. سۇغىرىش كۆلىمى 413 گېكتار كۆپەيدى، 13 مىڭ گېكتار ئوتلاق قاشالاندى، قاشالانغان ئوتلاق 1670 گېكتار كۆپەيدى. 227 قوتان ياسالدى ۋە رېمونت قىلىندى. يىل ئاخىرىدىكى يېزا ـ بازار كارخانىسى 300 گە، كىرىمى 15 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليون 480 مىڭ يۈەن (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 4 مىليون 200 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن %9.6 ئاشتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 2 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %5.09 ئاشتى. 2 مىليون 700 مىڭ كىلوۋات سائەت توك (يىل ئاخىرىدا ۋىلايەتلىك ئېلېكتر تورى بىلەن تۇتاشتۇرۇلدى)، 8000 توننا كۆمۈر، 38 مىڭ 349 توننا تۆمۈر رۇدىسى، 120 سەر ئالتۇن، 400 توننا ئۇن ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 7 مىليون 660 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. مۇشۇ يىلى 9 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىنغان 35 كىلوۋولتلىق توك ئۆزىنىش، بېسىم ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى پۈتۈپ ئىشلىتىلىشكە باشلىدى؛ 12 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، سىغىمى 1 مىليون 500 مىڭ كۇب مېتىر كېلىدىغان تورغان سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى؛ بىكتۆەن بىلەن يەرلىك بىرلىكتە قۇرغان، 15 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان نوم 750 × 1 كىلوۋولتلۇق 2 ئوت ئېلېكتر گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. ناھىيە تەۋەسىدە توشۇلغان يولۇچى 29 مىڭ ئادەم ـ قېتىمغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 67 مىليون 860 مىڭ ئادەم ـ كىلومېتىرغا؛ توشۇلغان يۈك 82 مىڭ توننىغا يەتتى. پوچتا ـ تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 725 مىڭ يۈەنگە، ئۇنۇملۇك ئىشلىتىلگەن پروگراممىلىق تېلېفون 1840 توچكىغا يېتىپ، ھەر يۈز ئادەمگە 9.8 تېلېفون توغرا كەلدى. بازار سودىسىدا پۈتۈشۈلگەن سومما 1 مىليون 838 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

يىل ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن ـ تېخنىكا خادىمىدىن 198ى (مىللىي 145) بار. ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپ 2 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر)، ئوقۇغۇچىسى 104 (مىللىي 85)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 9 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 6، باشلانغۇچ مەكتەپ ئىچىدە قۇرۇلغان تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 231 (مىللىي 377). ئوتتۇرا، باشلانغۇچ

مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 3184 (مىللىي 2356). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 680 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئونىڭ (سىملىق) نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %22كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95كە يەتتى. ناھىيە بويىچە 7 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى (بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا بىر، شىپاخانا 6)، 114 سەھىيە تېخنىكا خادىمى (بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 11)، 120 كارىۋات بار.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ساپ كىرىمى 1605 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 7579 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە 1016 ئائىلىدىكى 5480 كىشى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. ناھىيە بازىرىدا 264 كىشى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان 104 ئىشچى - خىزمەتچىگە ۋاقتىدا تۇرمۇش كاپالەت پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى. مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى كىرىمى 166 مىڭ 900 يۈەنگە، جىسمانىي سۇغۇرتا كىرىمى 150 مىڭ يۈەنگە يەتتى، جىسمانىي سۇغۇرتىدا 20 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى.

☆ ئارا تۇرۇك ناھىيىسىنىڭ ئاداق، باي، نوم يېزىلىرى 6 - ئاينىڭ 17 — 18 - كۈنلىرى 10 بالدىن يۇقىرى قاتتىق بوراننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. 1333.33 گېكتار قوغۇنلۇق (دېھقانچىلىق مەيدانى بۇنىڭ سىرتىدا) ئوخشىمىغان دەرىجىدە بوزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، بۇنىڭ ئىچىدە 206.67 گېكتار يەردىن ھوسۇل ئالغىلى بولمىدى، 58 گېكتار يەرنىڭ ھوسۇلى ئېغىر دەرىجىدە كېمىيىپ، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 2 مىليون 566 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

☆ ھاۋا داۋاملىق ئىسسىپ ئۇدا يامغۇر ياغقانلىقتىن 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى تاغدىن كەلكۈن كەلدى، ئارا تۇرۇك ئۆستىڭىنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئېقىن مىقدارى سېكۇنتىغا 90 كۇب مېتىرغا يېتىپ، ئارا تۇرۇكتە نەچچە 10 يىللاپ كۆرۈلۈپ باقمىغان ئاپەت يۈز بەردى. بىر ئادەم ئۆلدى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 1 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

يالڭ يۇنلۇڭ

# بارىكۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

بارىكۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، شەرقىي شىنجاڭنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 570 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 10، مەيدان بىر. ناھىيىنىڭ نوپۇسى (بىڭتۇەننىڭ ناھىيىدە تۇرۇشلۇق تۈەن - مەيدانلىرىنىڭ نوپۇسى بۇنىڭ سىرتىدا) 89 مىڭ 550 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 29 مىڭ 765). يېزا نوپۇسى 71 مىڭ 97؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 11.93‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 7.77‰. ناھىيە بويىچە 28 مىڭ 470 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 12 مىڭ 460 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 3560 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

بارىكۆل ناھىيىسىدە 1 مىليون 331 مىڭ 900 گېكتار تەبىئىي ئوتلاق بار، بارىكۆل ئېتى شىنجاڭدىكى 3 خىل مەشھۇر ئاتنىڭ بىرى. تاغلىق رايوندىكى ئورمان كۆلىمى 18 مىڭ 300 گېكتار، ياغاچ زاپىسى 3 مىليون 748 مىڭ 500 كۇب مېتىر. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن ئارقار، تاغ تېكىسى، بۇغا، يىلپىز، ئۈلار، قومۇلۇق تۈلكىسى قاتارلىقلار بار. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر 100 خىلدىن ئاشىدۇ، چاكاندا، توشقان زەدىكى كۆپ چىقىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدە، ئالتۇن، مىس، تۆمۈر، كۋارتس، كۆمۈر، نېفىت، شور قاتارلىق 30 خىلدىن ئارتۇق قېزىلما بايلىق بارلىقى ئېنىقلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە كوكس كۆمۈرى زاپىسى 500 مىليون توننىدىن، نېفىتنىڭ ئېنىقلىنىپ تىزگىنلەنگەن زاپىسى 23 مىليون توننىدىن، يۇقىرى سۈپەتلىك شورنىڭ زاپىسى 52 مىليون 290 مىڭ توننىدىن ئاشتى. بارىكۆل كۆلىنىڭ گاللوگېنلىق سۈيىدە قىممەتلىك گاللوگېن قورتى مول. بارىكۆلنىڭ تەبىئىي مەنزىرە ساياھەت ئورۇنلىرىدىن بارىكۆل كۆلى، ئاۋازلىق قۇم تاغ، غەلىتە تاش تاغ قاتارلىقلار بار. گۇمانىتارلىق مەنزىرە، ساياھەت ئورۇنلىرىدىن قەدىمكى قەبرىستانلىق، قەدىمكى خارابىلىكلەر، تاش ئابىدە، قەدىمكى قەلئە، تۇرا قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ بارىكۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋېي تيەنجيې.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: توختىمۇھەممەت ئالىمقان (قازاق).

ھاكىم: نۇر شارىپ (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: سادىقۇل بىلال (قازاق).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 228 مىليون 223 مىڭ 800 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 114 مىليون 505 مىڭ 500 يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %72 .7 (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) ئاشتى. 55 مىڭ 54 توننا ئاشلىق، 263 توننا ياغلىق دان ئېلىندى. 68 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. 4.9 گېكتار كۆچەت بازىسى كۆپەيتىلدى. 7977 توننا گۆش، 10 مىڭ 599 توننا سۈت، 27 توننا تۆگە يۇڭى، 568 توننا قوي يۇڭى، 42 توننا چۈپۈر، 39 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 10 مىڭ 267 پارچە كالا تېرىسى، 197 مىڭ 566 پارچە قوي تېرىسى ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 17 مىليون 750 مىڭ 700 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. سۇغىرىش كۆلىمى 420 گېكتار كۆپەيدى. 16 مىڭ 700 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى. 1999 - يىلى 726 قوتان سېلىندى، 423 ئىسسىق قوتان سېلىندى. يېزا - بازار كارخانىسى 2606 گە، كىرىمى 134 مىليون يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 123

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| | تۈرلەر | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 32940 | 5.28 |
| يۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 14955 | 4.55 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 7513 | 6.19 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 10472 | 6.61 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 55054 | 3.31 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 51.53 | 2.34 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 14099 | 15.47 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 96568 | 3.08 |
| تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 587.68 | 2.19 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 7925 | 0.97 |
| بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 23716 | 1.27 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 719 | 1.84 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 6735 | 16.89 |

مىليون 788 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 130 مىليون 400 مىڭ يۈەن) گەيېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %19 .5 ئاشتى. سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 57 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %03 .6 ئاشتى. 187 مىڭ 700 توننا كۆمۈر، 15 مىڭ 700 توننا كوكس، 10 مىڭ 100 توننا سېمونت، 32 مىڭ 400 توننا ناترىي سۇلفىد، 22 مىڭ 900 توننا ئۇن، 130 توننا سۇ يېغى، 24 مىڭ مېتىر يۇڭ توقۇلما، 23 مىڭ 100 توننا شور، 5.2 كىلوگرام ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىلدى. ناھىيە بويىچە يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 18 مىليون 677 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا (ناھىيىلىك ترانسپورت شىركىتىنىڭ)، يۈك ئوبوروت مىقدارى 13 مىليون 700 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا (ناھىيىلىك ترانسپورت شىركىتىنىڭ) يەتتى، پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 6 مىليون يۈەنگە، ئىشلىتىلىۋاتقان پروگراممىلىق تېلېفون 5857 توچكىغا يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي

تېخنىكا ۋەزىپىسى بار يەن - تېخنىكا خادىمىدىن 828 ى (ئوقۇتقۇچىسۇ شۇنىڭ ئىچىدە) بار. باركۆل كۆلىدە قۇياش ئېنېرگىيىسى ئارقىلىق شور قۇرۇتۇش، كۆزلۈك قومۇن بازىسى قۇرۇلۇشى قاتارلىق يەن تەتقىقات تۈرى تاماملاندى. ناھىيىدىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم بىر، ئوتتۇرا مەكتەپ 8 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 3)، ئوقۇغۇچىسى 16 مىڭ 341 (مىللىي 2354)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 60 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 20). ئوقۇغۇچىسى 10 مىڭ 460 (مىللىي 5219). ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 571، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 1236، تېخنىكوم مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 4، پارتىيە مەكتەپ كادىرلار مەكتىپى ئوقۇتقۇچىسى 14. ناھىيە بويىچە مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 6 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «ئىككى ئاساسەن»نى باھالاپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۆمىكى 10 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە باركۆل ناھىيىسىنىڭ «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى. ئۆمەكتىكىلەر ناھىيىنىڭ تۈرلۈك نىشانلىرى ئاساسەن ئۆلچەمگە يېتىپ، ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۆلچىمىگە يەتكەن دەپ قارىدى. رادىئو، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 95%كە يەتتى. ناھىيە بويىچە 83 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 334 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 178 كارىۋات بار. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە ناھىيە تەنھەرىكەتچىسى شاۋجۈەن 1000 مېتىر، 500 مېتىرغا يۈگۈرۈش ۋە ئومۇمىي ماھارەت تۈرلىرىدە بىر كۈمۈش مېدال، 2 مىس مېدال ئالدى.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1445 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مائاشى 5912 يۈەنگە يەتتى. سودىغا كەسپىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 87 مىليون 6000 يۈەنگە، مال - مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 1 مىليون 106 مىڭ يۈەنگە، جىسمانىي سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 3 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىدىن بېرىلگەن تۆلەم سوممىسى 395 مىڭ يۈەن. جىسمانىي سۇغۇرتىدىن بېرىلگەن تۆلەم سوممىسى 270 مىڭ يۈەن بولدى. پېنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىققان 320 كىشىنىڭ ياشانغانلار كۈتۈنۈش پۇلى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇپ تارقىتىلدى، بۇنىڭغا 690 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىندى. ناھىيە بازىرىدىكى ئاھالىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت تۈزۈمى ئورنىتىلدى. ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان 227 ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ ئىچىدە 112 سى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش خىراجىتى ئۈچۈن 344 مىڭ يۈەن تارقىتىلدى. 2500 كىشىنىڭ كىيىمى يوتقان، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى. كازارما شامال ئېنېرگىيىسى ئېلېكتر ئىستانسىسى ۋە سۇنىشى ھەمراھ بەر يۈزى قوبۇللاش پونكىتى قۇرۇلۇپ، يىراق ئاغىلىق رايوندىكى ناسرات چارۋىچىلار توك ئىشلىتەلەيدىغان، تېلېۋىزور كۆرەلەيدىغان بولدى.

☆ باركۆل ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى يولداش ياڭ جۆڭشېندىن ئۆگىنىشنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا قارار چىقاردى. ياڭ جوڭشېن ھايات ۋاقتىدا باركۆل ناھىيىسىدىكى سارچوقا يېزىلىق شىپاخانىنىڭ باشلىقى ئىدى. ئۇ ئاساسىي قاتلامدا يىلتىز تارتىپ، چارۋىچىلارغا مۇلازىمەت قىلىپ، 37 يىل دوختۇرلۇق قىلدى. نەچچە يۈزلىگەن پۇقرانىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ، 3000 غا يېقىن تۇغۇتنى قوبۇل قىلدى، جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى.

نىبى زىيائۇن

# بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى

## ئاساسىي ئەھۋالى

بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى ئاپتونوم رايوننىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان، ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 471 كىلومېتىر، تۆمۈريول مۇساپىسى 603.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى ئوبلاستقا قاراشلىق ناھىيە 8، شەھەر بىر. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 1 مىليون 12 مىڭ 300 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 447 مىڭ 200)، يېزا نوپۇسى (بىڭتۈەننىڭ ناھىيە تەۋەسىدىكى نوپۇسى بۇنىڭ سىرتىدا) 451 مىڭ 600؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 12.37‰، ئۆلۈش نىسبىتى 4.07‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 8.3‰. ئوبلاست بويىچە 138 مىڭ 700 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 56 مىڭ 500 گېكتار يەرگە (ئېگىز ئورنى تېرىلغۇسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئاشلىق زىرائىتى، 91 مىڭ 500 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغ ۋە مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى كىلىماتقا كىرىدۇ.

بايىنغولىن ئوبلاستى تەۋەسىدە تارىم، قاراشەھەر، چەرچەن، دىنار، مىرەن دەرياسى قاتارلىق دەريا - ئېقىنلار

بار. يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارى 10 مىليارد 600 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. تەبىئىي ئوتلاق كۆلىمى 11 مىليون گېكتار. 261 خىل ياۋايى ھايۋان بار، دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋان 11 خىل، 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋان 12 خىل، 3 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋان 4 خىل. 477 خىل دورىلىق ئۆسۈملۈك بار، بۇنىڭ ئىچىدە چۈچۈكبۇيا، يۇمران بۇغا مۈڭگۈزى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. 29 خىل قېزىلما بايلىق تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى، بۇلاردىن نېفىت، تەبىئىي گاز، ۋېرمىكۇلىت، تاشپاختا، مانگان، ماگنېزىت، دولومىت، گەج، ساپال تۇپىسى، ھاك تېشى، قاش تېشى قاتارلىقلارنىڭ زاپىسى كۆپرەك. ئاساسلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن باغراش كۆلى، بايىنبۇلاق يايلىقى، تەكلىماكان قۇملۇقى، ئالتۇنتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، باشئەگىم، كروران قەدىمكى شەھىرى، شىكشىن مىڭئۆيى، مىرەن خارابىسى، بالغۇنتاي ئىبادەتخانىسى، مانجۇ خانلىقى ئوردىسى قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: فېڭ جىڭ؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: بادەي (موڭغۇل)، ئەخمەت قاسىم، شيەن گوجۇ، مۇ جۈەن (ئايال).

10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: بۇلگا (ئايال، موڭغۇل)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: لى جۈپىڭ، داۋۇت مۇسا، مۇسا كېرىم، خۇاڭ چىلۇڭ، خې لىشياۋ، گاردى (موڭغۇل)، ياڭ فاگۇاڭ (خۇيزۇ).

ئوبلاست باشلىقى: بادەي (موڭغۇل)؛ مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقلىرى: جۇ چاڭجيې، مەھەممەت ئىمىن، ياۋ جيەنشىن، ليۇ جىيۇڭ (خۇيزۇ)، ۋېي شەنفېڭ، باۋرې (موڭغۇل)، لى جيەنگاڭ.

سىياسىي كېڭەش 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: جاڭ زۇڭچاڭ؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: سۇن يۈنشۈەن، ئوسمان ئەمەر، دا مىڭچاڭ (خۇيزۇ)، ۋاڭ چۈەن، گەنجە لىكشىت (موڭغۇل)، بارات داموللا، لى زۇڭتاڭ، باتەي (موڭغۇل).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى ئوبلاست بويىچە يېزا ئىگىلىك قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 80 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 5.4% (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) ئاشتى. 439 مىڭ 700 توننا ئاشلىق، 109 مىڭ 900 توننا پاختا، 583 مىڭ 300 توننا قىزىلچا ئېلىندى. 6180 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئوبلاست بويىچە 65 مىڭ 486 توننا گۆش، 19 مىڭ 151 توننا سۈت، 4957 توننا قوي يۇڭى، 10 مىڭ 562 توننا تۇخۇم، 5569 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. ئوبلاست بويىچە ئۈنۈملۈك سۇغىرىلىدىغان يەر 200 مىڭ 200 گېكتارغا، ماشىنا - ئېلېكتر ئارقىلىق سۇ چىقىرىۋېتىلىدىغان - سۇغىرىلىدىغان يەر 38 مىڭ 600 گېكتارغا، يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن سۇغىرىلىدىغان يەر 11 مىڭ گېكتارغا، سۇغىرىش شارائىتى ياخشىلانغان يەر 26 مىڭ گېكتارغا يەتتى، 1075.72 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى، 373 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، سۇ - تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشى تىزگىنلەنگەن كۆلەم 30 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى.

سانائەت كارخانىلىرىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 4 مىليارد 160 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 16.9% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك سانائەت كارخانىلىرىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 736 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 9.6% ئاشتى. بىر يىلدا 1 مىليارد 249 مىليون 680 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 841 مىڭ توننا كۆمۈر، 4 مىليون 416 مىڭ 200 توننا نېفىت، 623 مىڭ 300 توننا سېمونت، 75 مىڭ 500 توننا تاشپاختا، 39 مىڭ 600 توننا پاختا يىپ، 51 مىليون 880 مىڭ مېتىر پاختا رەخت، 37 مىڭ 700 توننا فابرىكا قەغىزى ۋە قەغەز پەنەركە، 78 مىڭ 200 توننا شېكەر، 68 مىڭ 600 توننا كونسېرۋا، 2033 توننا ئىچىملىك ھاراق ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 5 مىليارد 954 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. چەرچەن ناھىيىسىنىڭ 2 - دەرىجىلىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشى، قاراشەھەر دەرياسىنىڭ 1- سۇ تەقسىملەش تۈگۈنلۈك قۇرۇلۇشى، كورلا يېڭىشەھەر رايونى ۋە شىنىغا سانائەت رايونىنىڭ يولدا چىقىرىۋېتىش قۇرۇلۇشى، باغراش «كېجى» پەمىدۇر ياسالمىلىرى چەكلىك شىركىتىنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. يېزا ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى، كورلا - تارىم غول ئۆستىڭىنىڭ 3 - قارارلىق قۇرۇلۇشى، خوشۇت «1 - ئاۋغۇست» سۇ ئامبىرىنىڭ خەتەرلىك جايلىرىنى مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشى، تارىم كۆمۈر تاياقچىسى زاۋۇتى، كورلا دۆلەت ئاشلىق ئامبىرى، كورلا شەھىرىنى گازلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى، لوپنۇر توقۇمىچىلىق (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى، شىنجاڭ كوئېنلۇن پاي شىركىتىنىڭ 800 مىڭ يۇرۇش تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى قاتارلىقلارنىڭ قۇرۇلۇشى ئوڭۇشلۇق داۋاملاشماقتا. يېڭىدىن كۆپەيگەن ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى: يىلىغا قېزىلىدىغان كۆمۈر 60 مىڭ توننا، ئاشلىق ئامبىرىنىڭ سىغىمى 100 مىڭ توننا،

### خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | | 109 | 8 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 20.8 | 5.4 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 59.8 | 8.5 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 28.4 | 9.5 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (تۈمەن توننا) | | 43.97 | —0.36 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 311.02 | 3.16 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | | 24.3 | 13.92 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (تۈمەن كىلوۋات) | | 64.88 | 8.44 |
| تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن دوللار) | | 1969.5 | 42.08 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (100 مىليون يۈەن) | | 30.11 | 4.99 |
| شەھەر -يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (100 مىليون يۈەن) | | 61.11 | 11.68 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (100 مىليون يۈەن) | | 6.18 | 10.16 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (100 مىليون يۈەن) | | 11.19 | 22.3 |

سودا ئىشلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان سوغۇق ساقلاش ئامبىرىنىڭ سىغىمى 2000 توننا، يېڭى ياسالغان تاشيول 56 كىلومېتىر، ئۆزگەرتىلگەن تاشيول 78.90 كىلومېتىر، پروگراممىلىق كوممۇتاتور 31 مىڭ، يانتېلېفون 55 مىڭ، باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلار ئورنى 4120، قۇرۇلۇش كۆلىمى 13 مىڭ 800 كۋادرات مېتىر، شەھەر سۇ تورۇبىسى 27.74 كىلومېتىر، شەھەر يولدا تورۇبىسى 51.30 كىلومېتىر، مەزمۇت كۆۋرۈك بىر. تۆمۈريولدا توشۇلغان يۈك 5 مىليون 270 مىڭ توننىغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 1 مىليارد 839 مىليون توننا - كىلومېتىرغا؛ توشۇلغان يولۇچى 957 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 853 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا، تاشيولدا توشۇلغان يۈك 58 مىليون 510 مىڭ توننىغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 1 مىليارد 681 مىليون توننا - كىلومېتىرغا؛ توشۇلغان يولۇچى 10 مىليون 780 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 1 مىليارد 85 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 21 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 151 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 2 - ئايدا ئوبلاستلىق تېلېگراف ئىدارىسى 55 مىڭ توچكىلىق يانتېلېفون كوممۇتاتور سىستېمىسىنى رەسمىي ئىشقا سالدى. يىل ئاخىرىدا شەھەر تېلېفونى ئابونېنتى 78 مىڭ 768 (بۇنىڭ ئىچىدە ئائىلە تېلېفونى 67 مىڭ 223) كە، شەھەردىكى ئاممىۋى تېلېفون 3791) گە، يېزا تېلېفونى 42 مىڭ 495 كە، يانتېلېفون ئابونېنتى 26 مىڭ 865 كە، سىمسىز چاقىرغۇ ئابونېنتى 59 مىڭغا، شەھەر بويىچە ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 3 مىليارد 11 مىليون يۈەنگە، ناھىيە ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن جايلاردا ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 1 مىليارد 222 مىليون يۈەنگە يەتتى. تۈرلۈك تاۋار سودا بازىرىدىن 109ى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئىستېمال بۇيۇملىرى بازىرى 98، بۇ بازارلاردا پۈتتۈشۈلگەن سومما 1 مىليارد 385 مىليون يۈەنگە؛ ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى بازىرى 11 بولۇپ، پۈتتۈشۈلگەن سومما 179 مىليون يۈەنگە، ئىمپورت قىممىتى 2 مىليون 710 مىڭ دوللارغا، ئېكسپورت قىممىتى 16 مىليون 965 مىڭ دوللارغا، ساياھەتچىلىكتىن قىلىنغان كىرىم 80 مىليون

يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

1999 - يىلى ئاپتونوم ئوبلاستنىڭ پەن - تېخنىكا جەھەتتىكى 3 تۈرلۈك خىراجەت سېلىنمىسى 8 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە يەتتى. «يېزا ئىگىلىكىدە مول ھوسۇل ئېلىش پىلانى» تۈرىدىن 20 سى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئوبلاست بويىچە يىل ئاخىرىدىكى تۈرلۈك كەسپىي تېخنىكا خادىمى 28 مىڭ 400، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىكى 700، ئوتتۇرا دەرىجىلىكى 6500. چوڭلار ئالىي تېخنىكومى 2، ئوتتۇرا تېخنىكوم 6، ئىشچىلار تېخنىكومى 3، ئالاھىدە تەربىيىلەش مەكتىپى بىر، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 89، باشلانغۇچ مەكتەپ 320. مەكتەپتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 10 مىڭ 300 (مىللىي 5667)، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 43 مىڭ 700 (مىللىي 28 مىڭ 533)، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 105 مىڭ 200 (مىللىي 62 مىڭ 864)، باغچىدىكى بالا (تەييارلىق سىنىپىدىكىلەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 9987 (مىللىي 2857)، ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 12 مىڭ 992. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %94كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95كە يەتتى. ئوبلاست بويىچە 295 سەھىيە ئاپپاراتى، 6316 سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 5156 كارىۋات بار. 1999 - يىلى ئوبلاست تەنھەرىكەتچىلىرى ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا قاتنىشىپ 23 ئالتۇن مېدالغا، 11 كۈمۈش مېدالغا، 11 مىس مېدالغا ئېرىشتى، كوللېكتىپ 6 - لىككە ئېرىشتى، 3 ئادەم 3 تۈردە ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆسمۈرلەر يېنىك ئاتلېتىكا رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى. ئوبلاست بويىچە 2 قېتىم بۇيرۇق خاراكتېرلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، 302 تەنھەرىكەتچى مۇسابىقىگە قاتناشتى. %97.5 ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى «دۆلەتلىك تەنتەربىيىدە چېنىقىش ئۆلچىمى»گە يەتتى، بۇ ئۆلچەمنى يولغا قويغان مەكتەپ %93.7نى ئىگىلىدى.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى ئاپتونوم ئوبلاست بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2312 يۈەنگە يەتتى. ئىشچى - خىزمەتچى (تارىم نېفىتلىكىنى تەكشۈرۈش - ئېچىش قوماندانلىق شتابى، تۆمۈريول، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 2 - شىسىدىكىلەر بۇنىڭ سىرتىدا) 202 مىڭ 900 بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە مائاشى 7212 يۈەنگە يەتتى. ئوبلاست بويىچە سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 203 مىليون يۈەنگە، تۆلەم سوممىسى 77 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئاپتونوم ئوبلاستنىڭ يەرلىك شەھەر - بازارلىرىدىكى ئىشسىزلار 6235 بولۇپ، 3048 ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. يەرلىك ئورۇنلاردىكى 63 مىڭ 400 ئىشچى - خىزمەتچى ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 17 مىڭ 400 ئادەم ياشانغانلار كۈتۈنۈش سۇغۇرتا ھەققىنى بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى، 89 مىليون 551 مىڭ يۈەنلىك ياشانغانلار كۈتۈنۈش سۇغۇرتا فوندى يىغىۋېلىندى، 96 مىليون 10 مىڭ يۈەنلىك دەم ئېلىش، پېنسىيە خىراجىتى چىقىم قىلىندى. 60 مىڭ 600 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتا ھەققىنى بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى، 9 مىليون 903 مىڭ يۈەنلىك ئىشسىزلىق سۇغۇرتا فوندى يىغىۋېلىندى، 3 مىليون 590 مىڭ يۈەنلىك ئىشسىزلىق سۇغۇرتا فوندى چىقىم قىلىندى. مۇھىت ئاسراش خىزمىتىدە دوختۇرخانىلارنىڭ داۋالاشتىن چىققان يۇندىسى ۋە كېرەكسىز قاتتىق جىسىملارنى بىر تەرەپ قىلىش؛ كىچىك سېمونت زاۋۇتلىرىنىڭ چاڭ - توزانىنى تىزگىنلەش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى، 8 كىچىك سېمونت زاۋۇتى تاقىۋېتىلدى؛ 2 شېكەر زاۋۇتىنىڭ سانائەت يۇندىسىنى بىر تەرەپ قىلىش لايىھىسى دەسلەپكى قەدەمدە بېكىتىلدى. باغراش كۆلىنى تۈزەش خىزمىتىدە دەسلەپكى قەدەمدە ئۈنۈم كۆرۈلدى، كۆلگە كىرىدىغان تاتلىق سۇ مىقدارى كۆپەيدى، سۇ سۈپىتىنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسى 1998 - يىلدىكى 1.375 گرام/لىتىردىن 1.249 گرام/لىتىرغا تۆۋەنلىدى. 1999 - يىلى شەھەرلەردىكى قۇرۇلۇش قىلىنغان رايون كۆلىمى 50 كۋادرات كىلومېتىرغا، قۇرۇلۇش قىلىنغان رايونلارنىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش كۆلىمى 1848 گېكتارغا، باغۋارانلىشىش كۆلىمى 1725 گېكتارغا يەتتى.

☆ 1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئوبلاستلىق تاشپاختا كېنىدا 12 مىڭ توننىلىق 4 تاشپاختا ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى قۇرۇلۇپ، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ قوراشتۇرۇلۇپ ئۈنۈمى كۆرۈلدى، ھەربىر ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى ئارقىلىق يىلىغا ئاشقان مەھسۇلات 4100 توننىغا، يارىتىلغان پايدا 2 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

☆ ساختا دىپلوم بىلەن بايىنغولىن ئوبلاستىغا كېلىپ ئوقۇتقۇچى بولۇۋالغان خوتەنلىك 42 ئادەم ئېنىقلىنىپ 3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى قايتۇرۇۋېتىلدى.

ئىزاھ: مالىيە، پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت، تەنتەربىيە، مۇھىت ئاسراش، نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلار بىڭتۇەننىڭ يېزا ئىگىلىك 2 - شىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغاندىن سىرت، باشقا قىسىملىرى پۈتۈن رايونغا دائىر ماتېرىيالدىن ئىبارەت.

نىمە

# كورلا شەھىرى

## ئاساسىي ئەھۋالى

كورلا شەھىرى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي - شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 471 كىلومېتىر، تۆمۈريول مۇساپىسى 5.603 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق يېزا 10، دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك مەيدانى، چارۋىچىلىق فېرمىسى 6، مەھەللە ئىش باشقارمىسى 6. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (تۆمۈريولغا قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ بۇنىڭ سىرتىدا) 343 مىڭ 746 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 112 مىڭ 669)، يېزا نوپۇسى 135 مىڭ 121؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 11.85‰، ئۆلۈش نىسبىتى 3.5‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 8.35‰. شەھەر بويىچە 29 مىڭ 439.73 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 10 مىڭ 521.47 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز ئورۇن تېرىلغۇسى شۇنىڭ ئىچىدە)، 14 مىڭ 39.53 گېكتار يەرگە كېۋەز تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

كورلا شەھىرى تەۋەسىدىن پاختا كۆپ چىقىدۇ. مېۋە - چېۋىلەردىن نەشپۈت، ئاق ئۈرۈكلەر داڭلىق. شەھەر تەۋەسىدە ئاساسلىق دەريا - ئېقىنلاردىن تارىم، كۆنچى دەريالىرى بار. تاغلىق رايونلاردا 70 مىڭ 800 گېكتار، تۈزلەڭلىكتە 269 مىڭ 900 گېكتار ئوتلاق بار. بۇغا، جەرەن، تارىم توشقىنى قاتارلىق ئەتىۋارلىق ھايۋانلار بار. 80 نەچچە خىل قۇش بار، دائىم ئۇچرايدىغانلىرىدىن قىرغاۋۇل، ياۋا ئۆردەك، ئاق قۇ بار. ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن چۇچۇكبۇيا، لوپنۇر كەندىرى، ئالقات، چاكاندا قاتارلىقلار، ئېچىپ پايدىلىنىۋاتقان قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، گرانىت تاش، مەرمەر، گەچ، سىلانتىس، تالك، دولومىت، نېفىت، تەبىئىي گاز، ساپال توپىسى، ھاك تېشى قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ كورلا شەھەرلىك 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: سۇن جيەنشىن (7 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابلىز ھەسەن.

شەھەر باشلىقى: راخمان كېرەم.

سىياسىي كېڭەش 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ۋاڭ لۇباۋ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى كورلا شەھىرى بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 789 مىليون 100 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 379 مىليون 580 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 5.24% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). بىر يىلدا 52 مىڭ 818 توننا ئاشلىق، 656 توننا ياغلىق دان، 18 مىڭ 309 توننا پاختا، 76 مىڭ 690 توننا كۆكتات، 13 مىڭ 495 توننا قوغۇن - تاۋۇز، 32 مىڭ 231 توننا مېۋە - چېۋە (31 مىڭ 71 توننا نەشپۈت) ئېلىندى. 813.07 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 3066.67 گېكتار يەرگە نەشپۈت كۆچىتى تىكىلدى، 145.33 گېكتار يەردە نەشپۈت كۆچىتى يېتىشتۈرۈلدى. 18 مىڭ 43 توننا گۆش، 4200 توننا سۈت، 742 توننا قوي يۇڭى، بىر توننا تۆگە يۇڭى، 4.69 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 323 مىڭ پارچە قوي، كالا تېرىسى، 5100 توننا تۇخۇم، 8 توننا ھەسەل، 780 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 27 مىليون 780 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 103 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى، 923 كىلومېتىر زەيكەش ۋە سۇغىرىش ئېرىق - ئۆستەڭلىرى چېپىلدى ۋە كېڭەيتىلدى. 4493.3 گېكتار يەر تۈزلەندى، يورۇشلەشكەن ئېتىز - ئېرىق ئىنشائاتىدىن 572 سى ياسالدى، 93 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى. شۇ يىلى 233.3 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى. شەھەر بويىچە يېزا - بازار كارخانىسى 2850 كە، سېتىش كىرىمى 661 مىليون يۈەنگە، ساپ پايدىسى 33 مىليون يۈەنگە يەتتى.

شەھەرگە تەۋە سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 295 مىليون 990 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 196 مىليون 960 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 2.25% ئاشتى. بىر يىلدا 530 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 72 مىڭ 100 توننا كۆمۈر، 187 مىڭ 700 توننا سېمونت، 4 مىليون 186 مىڭ توننا نېفىت، 587 مىليون 360 مىڭ كۇب مېتىر تەبىئىي گاز، 17 مىڭ 727 توننا سۇيۇقلاشتۇرۇلغان گاز، 120 مىليون 250 مىڭ دانە خىش، 1526 كۋادرات مېتىر مەرمەر تاختا ماتېرىيال، 5700 كۋادرات مېتىر گرانىت تاش تاختا ماتېرىيال، 17 مىڭ 200 پار ئاياغ كىيىم، 213 مىڭ قۇر كىيىم - كېچەك، 30 مىڭ 791 توننا ساپ پاختا، 6000 كۋادرات مېتىر تىلىنغان ياغاچ ماتېرىيال، 8000 دانە ئۆي جاھازىسى، 5663 توننا مۇ يېغى، 5844 توننا تەڭشەلگەن يەم - خەشەك، 1284 توننا پىۋا، 67

## خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 743754 | 7.4 |
| يۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 61871 | 8.6 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 517605 | 7.2 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 164278 | 5.4 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (تۈننا) | | 52818 | 5.58 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 28.97 | 4.21 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | | 5.31 | 12.5 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (تۈمەن كىلوۋات) | | 11 | 5.16 |
| تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن دوللار) | | 1598.4 | 81.62 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 194038 | 3.31 |
| شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (100 مىليون يۈەن) | | 40.8 | 40.21 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 37728 | 14.22 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 41552 | 25.3 |

**ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 3 مىليارد 363 مىليون 340 مىڭ يۈەن، ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى، تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى، شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى قاتارلىق 4 تۈر كورلىغا قاراشلىق رايوندا تۇرۇشلۇق بارلىق ئىدارە - ئورگان، يېزا ئىگىلىك 2 - شىسىنىڭ 28 -، 29 -، 30 - تۈەن - مەيدانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.**

تۈننا جياڭيۇ، 5532 تۈننا كونسېرۋا، 1338 تۈننا ساپ سۇ، 1499 تۈننا سۇلياۋ ياسالما ئىشلەپچىقىرىلدى. شەھەرگە تەۋە تۇراقلىق مۈلۈككە 843 مىليون 900 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 99' ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىدە 23 تۈردە كېلىشىم ۋە توختام ئىمزالاندى، بۇلارنىڭ سوممىسى 630 مىليون يۈەنگە يەتتى. يېڭىدىن كۆپەيگەن ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى مۇنۇلار: تەبىئىي گاز يەتكۈزۈش غول تۇرۇبىسى 18 كىلومېتىر، ھويلا - ئارام تۇرۇبىسى 65 كىلومېتىر، ياسالغان تاشيول 6.2 كىلومېتىر، يېڭىدىن كۆپەيگەن تېرىلغۇ يەر 793.33 گېكتار، كۆكتات پارنىكى ۋە لاپاس 66.67 گېكتار، ئاشلىق ئامبىرىنىڭ سىغىمى 100 مىڭ تۈننا، ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلار ئورنى 2000 (كۆلىمى 7088 كۋادرات مېتىر)، باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلار ئورنى 1440 (كۆلىمى 7150 كۋادرات مېتىر)، دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 295، شەھەردىكى يوندا تۇرۇبىسى 45 كىلومېتىر (كۈنىگە 70 مىڭ كۇب مېتىر يوندىنى بىر تەرەپ قىلىدۇ)، شەھەردىكى سۇ تۇرۇبىسى 27.74 كىلومېتىر، پار بىلەن تەمىنلەش كۆلىمى 200 مىڭ كۋادرات مېتىر. مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش تۈرىدىن 14ى تاماملاندى. 328 مىڭ 900 كۋادرات مېتىر تۇرالغۇ ئۆينىڭ قۇرۇلۇشى باشلىنىپ، 165 مىڭ كۋادرات مېتىرى پۈتكۈزۈلدى. شەھەردە بىر مۇستەھكەم كۆۋرۈك سېلىندى، ئۇنىڭغا سېلىنغان مەبلەغ 17 مىليون يۈەن. شەھەردىكى 11.62 كىلومېتىر يول كېڭەيتىلدى، ئۇنىڭ كۆلىمى 54.74 كۋادرات مېتىر. 30 نەچچە يەرگە تاشتەكلىك گۈل قويۇلدى، 120 مىڭ تاشتەك گۈل

يېتىشتۈرۈلدى. 5 - ئايدا كورلا شەھرىدە تەبىئىي گاز تۇرۇبىسىنى ئائىلىلەرگە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى باشلاندى، بۇنىڭغا 30 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 14 مىڭ ئائىلىگە تەبىئىي گاز تۇرۇبىسى ئورنىتىش خىزمىتى تاماملاندى. تۆمۈريولدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 1 مىليارد 838 مىليون 990 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 853 مىليون 430 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا؛ تاشيولدا توشۇلغان يۈك 670 مىڭ توننىغا، توشۇلغان يولۇچى 890 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى؛ ئاۋىئاتسىيە كەسپىدە 3 ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى ئېچىلىپ، 38 مىڭ 458 ئادەم (قېتىم) توشۇلۇپ، 25 مىليون 320 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 116 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا)، پروگراممىلىق تېلېفون ئابونىتى 60 مىڭغا، يانتېلېفون ئابونىتى 26 مىڭ 865 كە، سىمسىز چاقىرغۇ ئابونىتى 49 مىڭ 50 كە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

شەھەر بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ھەر خىل پەن - تېخنىكا خادىمى 5919، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 106، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 1396. شۇ يىلى پەن - تېخنىكا تۈرىدىن 54ى بېكىتىلدى. 25 پەن - تېخنىكا نەتىجىسى باھالاپ بېكىتىشتىن ئۆتتى، يۇقىرى پەن - تېخنىكا تۈرىدىن 14ى كىرگۈزۈلدى. بىر يىلدا پەن - تېخنىكا خىزمىتىگە 2 مىليون 700 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزىلاردا پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى بويىچە تۈرلۈك ئەسقاتىدىغان تېخنىكا جەھەتتىن يېتىشتۈرۈش كۇرسىدىن 239 قارار ئېچىلىپ، 23 مىڭ 559 ئادەم (قېتىم) يېتىشتۈرۈلدى. ئەسقاتىدىغان تېخنىكا ماتېرىيالىدىن 8920 پارچە (نۇسخا) تارقىتىلدى. دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ ئەلا سورتلىرى كىرگۈزۈلدى، سۈپەتلىك ئۇرۇقنىڭ قاپلاش كۆلىمى %100كە يەتتى. شەھەرگە قاراشلىق باشلانغۇچ مەكتەپ 82 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 55)، ئوقۇتۇش نۇقتىسى 11، ئوقۇغۇچىسى 28 مىڭ 892 (مىللىي 14 مىڭ بىر)؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 20 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 13)، ئوقۇغۇچىسى 10 مىڭ 909 (مىللىي 6175)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 605 (مىللىي 178)؛ بالىلار باغچىسى 6، باغچىدىكى بالا 3956 (مىللىي 82). ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 3024 (مىللىي 1810)، باغچا ئوقۇتقۇچىسى 225. شەھەر بويىچە مائارىپ سېلىنمىسى 5 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئىجتىمائىي كۈچلەرگە تايىنىپ ئېچىلغان مەكتەپ 16، سېلىنغان مەبلەغ 10 مىليون 880 مىڭ يۈەن. شەھەر بويىچە 2 سەنئەت ئۆمىكى، 2 مەدەنىيەت يۇرتى، بىر ئاممىۋى مەدەنىيەت يۇرتى بار، 3 ئاممىۋى كۇتۇپخانا بولۇپ، 130 مىڭدىن ئارتۇق كىتاب ساقلانماقتا. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100كە يەتتى. شەھەر بويىچە 52 دوختۇرخانا، شىپاخانا (تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ بۇنىڭ سىرتىدا)، 2737 سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 723)، 2189 كارىۋات بار. كورلا شەھىرى ئاپتونوم رايوننىڭ پىلانلىق تۇغۇت بويىچە «ئۈچنى ئاساس قىلغان» شەھەرلىرىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. شەھەر 86 قېتىم ھەر خىل مەدەنىيەت - تەنتەربىيە پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ، ئوبلاست دەرىجىلىك مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇشتىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. شەھەرلىك ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى ئوبلاست بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇردا 1 - لىككە، 10 يەككە تۈردە 1 - لىككە، 8 يەككە تۈردە 2 - لىككە، 7 يەككە تۈردە 3 - لىككە ئېرىشتى. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تەنتەربىيىدە ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى %92.4 كە يەتتى. «دۆلەتلىك تەنتەربىيىدە چېنىقىش ئۆلچىمى»گە يېتىشنىڭ قاپلاش كۆلىمى %100كە يەتتى. كۆلىمى 3.33 گېكتار كېلىدىغان ئىتتىپاق مىكرو رايونى تەنتەربىيە مەيدانى قۇرۇلدى.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى شەھەر بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 2726.02 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 7616 يۈەنگە يەتتى.

كورلا رايونىنىڭ ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى ۋە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى سوممىسى 12 مىليارد 220 مىليون يۈەنگە، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 142 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شەھەر - يېزىلاردا 4 ياشانغانلار ساناتورىيىسى قۇرۇلدى، ساناتورىيىدە 70 كارىۋات بار بولۇپ، 57 بوۋاي - موماي، 61 بەشتە كاپالەتلىك ئادەم بېقىلدى. ھەربىيلەر ۋە ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تاۋابىئاتى ئائىلىسى 2030 بولۇپ، ئۇلارغا 3 مىليون 200 مىڭ يۈەنلىك ھال سوراش بۇيۇمى، 34 مىڭ 300 يۈەنلىك نەپىقە، 48 مىڭ يۈەن مېيىپلىق پۇلى تارقىتىلدى. شەھەر بويىچە 800 ئادەم ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت پۇلىدىن بەھرىمەن بولدى. ئۇلارغا

492 مىڭ يۈەن كاپالەت پۇلى تارقىتىلدى. شەھەرنىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %36كە يەتتى. 1999 - يىلى كورلا شەھىرى يەنە بىر قېتىم «مەملىكەتلىك ئىككىنچى ھىمايە قىلىش بويىچە نەمۇنە شەھەر» دېگەن نامغا ئېرىشتى. 6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى مەملىكەتلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەيئىتى كورلا شەھىرىگە «دۆلەت بويىچە پاكىز شەھەر» دەپ نام بەردى. 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى مەركىزىي مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى يېتەكچىلىك كومىتېتى كورلا شەھىرىگە «مەملىكەت بويىچە مەنىۋى مەدەنىي شەھەر قۇرۇش خىزمىتىدىكى ئىلغار شەھەر» دەپ نام بەردى.

☆ دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ دۆلەت دەرىجىلىك دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى ئۇرۇقچىلىق مەيدانى 5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى كورلا شەھىرىنىڭ قاراسۇ دېھقانچىلىق مەيدانىدا قۇرۇلدى. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى ۋە ئاپتونوم رايون چۈشۈرگەن ئۇرۇقنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، پەن - تېخنىكىلىق تەركىبىنى ئاشۇرۇش قاتارلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى ئۇرۇقىنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئۇلىگە كۆرسىتىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىشتىن ئىبارەت. بۇنىڭغا 19 مىليون 900 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1666.67 گېكتار، قۇرۇلۇش قەرەلى 1999 - يىلدىن 2001 - يىلغىچە.

☆ شىنجاڭ «خۇالىڭ» گۇرۇھى جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇنىۋېرسال توپ سېتىش بازىرى تۈرى 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى رەسمىي ئىمزالاندى. بۇ بازارغا شىنجاڭ «خۇالىڭ» گۇرۇھى شىركىتى 200 مىليون يۈەن مەبلەغ سالىدۇ، بازار 33.47 گېكتار يەرنى ئىگىلەيدۇ، قۇرۇلۇش كۆلىمى 120 مىڭ كۋادرات مېتىر.

تيەن فاشيالىڭ

## خېجىڭ ناھىيىسى

### ئاساسىي ئەھۋالى

خېجىڭ ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، قاراشەھەر ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 456 كىلومېتىر، تۆمۈريول مۇساپىسى 512 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق رايونلۇق مەھكىمە بىر، بازار 3، يېزا 9، دۆلەت چارۋىچىلىق فېرمىسى 5، ئۇرۇقچىلىق مەيدانى بىر، تۈزلەڭلىك ئورمانچىلىق مەيدانى بىر. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 168 مىڭ 888 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 75 مىڭ 447)؛ يېزا نوپۇسى 112 مىڭ 891؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى %13.8، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى %9.88. ناھىيە بويىچە 15 مىڭ 700 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 8093 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 4233 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

خېجىڭ ناھىيىسىنىڭ يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارى 4 مىليارد 760 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ زاپىسى 4 مىليارد 8 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدە شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ تاغ ئالدى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى بار. ئاساسلىق قېزىلما بايلىقلاردىن تۆمۈر، ماگنېزىت رۇدىسى، دولومىت، كۆمۈر قاتارلىقلار بار. ئەتىۋارلىق ھايۋانلاردىن ئۇلار، بۇغا، يىلپىز قاتارلىق 30 خىل ھايۋان، دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن چۈچۈكبۇيا، كىرەش، سوغىگۈل، ئورمان كىرىشى قاتارلىقلار بار. ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن بايىنبۇلاقتىكى ئاق قۇ كۆلى، كۈنەس مەنزىرە رايونى، بالغۇنتاي ئىبادەتخانىسى، خوتالا شاقىراتمىسى قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ خېجىڭ ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: سۇن جيەنفىڭ.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: پېڭ. پۇرۋە (موڭغۇل).

ھاكىم: ساڭ. ئالاش (موڭغۇل).

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: سۇن جيەنفىڭ (2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ما شىڭجۈەن (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 244 مىليون 543 مىڭ 300 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %11.66 (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) ئاشتى. بىر يىلدا 58 مىڭ 823 توننا ئاشلىق، 3432 توننا ياغلىق دان، 1008 توننا پاختا ئېلىندى. 377.7 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. 18 مىڭ 624 توننا گۆش، 4970 توننا سۈت، 2400 توننا قوي يۇڭى ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 18 مىليون 21 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە يېزا - بازار كارخانىسى 1760 بولۇپ، كىرىمى 126 مىليون يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىغا قەدەر ناھىيە بويىچە تىزىمغا ئالدۇرغان

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | | 7.38 | 7.28 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 3.43 | 8.97 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 1.33 | 5.63 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 2.62 | 4.97 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 58823 | — 0.14 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 94.98 | 1.74 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | | 1.25 | 11.01 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 59646.3 | 17.32 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 18747.9 | —3.3 |
| بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 44299 | —15.45 |
| يەرلىك مالىيەت كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 2797 | 8.28 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 8306 | 25.75 |

**ئىزاھ: مىللىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 526 مىليون يۈەن.**

يەككە سودا - سانائەت ئورنى 3762گە، كەسىپكارى 5703كە، تىزىمغا ئالدۇرغان مەبلىغى 6324 يۈەنگە يەتتى. يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى ناھىيىدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرى مەھسۇلات قىممىتىنىڭ %70نى، كىرىمى %75نى ئىگىلىدى.

سانائەت كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 133 مىليون 920 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %0.11 ئاشتى؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 40 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %3.52 ئاشتى. بىر يىلدا 149 مىڭ 678 توننا سېمونت، 6455 توننا پەمىدۇر قىيامى، 7 مىليون 210 مىڭ دانە خىش، 1 مىليون 910 مىڭ پارچە رادىئاتور ياپراقچىسى، 3672 توننا بۇغداي ئۇنى ئىشلەپچىقىرىلدى. تۇراقلىق مۈلۈككە 74 مىليون 330 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شۇ يىلى ئورۇنلاشتۇرۇلغان نۇقتىلىق تۈرلەردىن ناھىيە بازىرىدىكى كىنجى يولىنى، 40 كىلومېتىر ناھىيە - يېزا يولىنى ئۆزگەرتىش، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى 8 جەھەتتە يۈرۈشلەشتۈرۈش، «ئىتتىپاق» ئۆستىڭىنى ئۆزگەرتىش، ناھىيە بازىرىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش قاتارلىقلارنىڭ كۆپ قىسمى پۈتۈپ ئىشلىتىلىشكە تاپشۇرۇلدى. ناھىيە بازىرىنى پار بىلەن تەمىنلەش كۆلىمى ئاز كەم 80 مىڭ كۋادرات مېتىر كۆپەيتىلدى، سۇ چىقىرىۋېتىش تورۇبا تورى 3.08 كىلومېتىر ئۇزارتىلدى. 17 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق ئەرزان، قولايلىق تۇرالغۇ ئۆي (كارخانا ۋە ناھىيىدە تۇرۇشلۇق ئورۇنلار بۇنىڭ سىرتىدا) سېلىنىپ، ئۆيى يوق ۋە ئۆي قىيىنچىلىقى بار 238 ئائىلىنىڭ تۇرالغۇ ئۆي مەسىلىسى ھەل قىلىندى. ناھىيە بويىچە دۆلەت ئىچىدىن كەلگەن 39 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىنىپ، 1 مىليون 825 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 681. شۇ يىلى 890 مىڭ يۈەنلىك پەن - تېخنىكا 3 خىل خىراجىتى، 200 مىڭ يۈەنلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىيات فوندى

ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، ناھىيىنى يەن - تېخىمۇ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش تۈزىدىن 19ى يولغا قويۇلدى، مەملىكەت بويىچە يەن - تېخىمۇ خىزمىتىدىكى ئىلغار ناھىيە بەرپا قىلىش خىزمىتى ئاپتونوم رايوننىڭ ئالدىنقىلا تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى. ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا 13 مىليون 574 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 24 مىڭ 227 كۋادرات مېتىر قۇرۇلۇش پۈتكۈزۈلدى. ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتى دۆلەتنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتتى. ئاپتونوم ئوبلاستلىق 3 - نۆۋەتلىك «شەرققە قاپتىش نادام» سەنئەت بايرىمى ۋە ئاپتونوم ئوبلاستلىق ياشانغانلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى. دېھقانچىلىق رايونلىرىدا رادىئونىڭ قاپلاش نىسبىتى %100كە، تېلېۋىزىيىنىڭ قاپلاش نىسبىتى %90كە يەتتى.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2199 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 5586 يۈەنگە يەتتى.

☆ خېجىڭ ناھىيىسىدىكى قاراشەھەر دەرياسى ۋە شار ئوسان جىلغىسىغا 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى تارىختا ئاز ئۇچرايدىغان زور كەلكۈن كەلدى. ناھىيە بويىچە 12 يېزا (بازار)، مەيدان، 26 مەمۇرىي كەنت ئاپەتكە ئۇچرىدى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 86 مىليون 233 مىڭ 800 يۈەنگە يەتتى.

ياڭ يۇفېڭ

# خوشۇت ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

خوشۇت ناھىيىسى ئوتتۇرا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، قاراشەھەر ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان ئاشيول مۇساپىسى 384 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 5، چارۋىچىلىق فېرمىسى بىر. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 38 مىڭ 239 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 16 مىڭ 862)، يېزا نوپۇسى 24 مىڭ 996؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰11.10، ئۆلۈش نىسبىتى ‰3.71، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰7.39. ناھىيە بويىچە 11 مىڭ 489 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 4553 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 1593 گېكتار يەرگە يافلىق دان زىرائىتى، 3780 گېكتار يەرگە كېۋەز تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

ناھىيە تەۋەسىدە 28 مىڭ 840 گېكتار تەبىئىي ئورمان، 459 مىڭ 820 گېكتار تەبىئىي ئوتلاق (ناھىيىگە تەۋە پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئوتلاق كۆلىمى 285 مىڭ 727 گېكتار) بار. ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر مول بولۇپ، قار لەيلىسى، چاكاندا، قانتېپەر، چۈچۈكبۇيا قاتارلىقلار، ئەتىۋارلىق هايۋانلاردىن تاغ ئۆچكىسى، يىلپىز، ئارقار، بۇغا، ئۇلار قاتارلىقلار، قېزىلما بايلىقلاردىن زاپىسى بىر قەدەر كۆپلىرىدىن مەرمەر، گرانىت تاش، شور، تاشپاختا قاتارلىقلار بار. داڭلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن ئالتۇنقوم ساھىلى، جەننەتنى يازدا سالقىنداش كەنتى، قىزىل كېپىنەك جىلغىسى قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ خوشۇت ناھىيىلىك 8- نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لى چۈن.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: لېكشىت (موڭغۇل).

ھاكىم: چۆجە (موڭغۇل).

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: شياۋ جېنجۇڭ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 185 مىليون 62 مىڭ 800 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 118 مىليون 650 مىڭ 900 يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %20.6 ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 31 مىڭ 557 توننا ئاشلىق، 5188 توننا پاختا، 2645 توننا ياغلىق دان، 10 مىڭ 681 توننا قىزىلچا، 47 مىڭ 400 توننا سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان پەمىدۇر، 4884 توننا سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان مۇچ، 24 مىڭ 4 توننا كۆكتات، 24 مىڭ 255 توننا قوغۇن - تاۋۇز، 2201 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. 1999 - يىلى 2902 كۆكتات لاپىسى ياسالدى، كۆكتات مەھسۇلاتى 13 مىڭ 78 تونىغا، مەھسۇلات قىممىتى 17 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 359 گېكتار يەردە لاياقەتلىك ئورمان بەرپا قىلىندى، 300 مىڭ تۈپ مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىلدى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 10 مىليون 958 مىڭ 500 يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 49.86 كىلومېتىر كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش توسمىسى، 85.9 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى، 10 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، 1453 گېكتار سۇغىرىلىدىغان

يەر كۆپەيتىلدى، 1347 گېكتار ئوتتۇرا، تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز ئۆزگەرتىلدى، 2053 گېكتار يەر تۈزلەندى، 200 گېكتار بوز يەر ئېچىلدى، 316 يۇرۇشلەشكەن ئىنشائات ياسالدى. بىر يىلدا 2162 توننا گۆش، 364 توننا سۈت، 212 توننا يۇڭ، 55 مىڭ 200 پارچە تېرە ئېلىندى. يېڭىدىن 53 ئائىلىلىك چارۋىچى ئولتۇراقلاشتى. 750 مىڭ تۇياق (قېتىم) چارۋا بويىچە كېسەللىكنىڭ ئالدى ئېلىندى ۋە كارانتىن قىلىندى. سۇ بۇزۇۋەتكەن كېلىكە كۆچ يولى رېمونت قىلىندى. 20 كىلومېتىردىن ئارتۇق يېڭى كۆچ يولى ياسالدى، چۆقۇ يېزىسىدا 200 گېكتارلىق ئۈزۈم بازىسى قۇرۇلدى، يېزا - بازار كارخانىسى 1509غا، كەسپكارى 6514كە، كىرىمى 166 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە، پايدا ۋە بېجى 11 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 120 مىليون 349 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 102 مىليون 977 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %42.3؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 34 مىليون 780 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 31 مىليون 620 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، %26.2 ئاشتى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش قىممىتى 69 مىليون 844 مىڭ يۈەنگە، مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %58كە يەتتى. بىر يىلدا 87 توننا ئېفېدرىن، 4328 كۋادرات مېتىر گرانىت تاش تاختا ماتېرىيال، 5000 توننا سېمونت، 329 توننا چۇچۇكبۇيا ياسالمىسى، 24 مىليون 230 مىڭ دانە خىش، 5900 توننا بۇغداي ئۇنى، 1670 توننا سۇ يېغى، 7462 توننا پەمىدۇر كونسېرۋاسى ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 90 مىليون 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 10 مىليون 220 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش - ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ 49 مىليون 990 مىڭ يۈەن، يېزىلاردا كوللېكتىپ سالغان مەبلەغ 9 مىليون 380 مىڭ يۈەن، ئۆي - مۈلۈككە سالغان مەبلەغ 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن. ناھىيە بازىرىدىكى شەخسلەر تۇرالغۇ ئۆي ئۈچۈن سالغان مەبلەغ 4 مىليون 630 مىڭ يۈەن، باشقا ئىشلارغا سېلىنغان مەبلەغ 14 مىليون 380 مىڭ يۈەن. 40 مىليون 730 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان «كېجى» شىركىتى خوشۇت شۆبە شىركىتىنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى؛ 960 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان «314» دۆلەت يولىدىن نىرىنكېر يېزىسىغىچە

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 16287.58 | 10.7 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 6501.58 | 0.3 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 3728 | 13.5 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 6058 | 22.4 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 31557 | 45.36 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۇياق) | | 172900 | 4.28 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 15152 | 6.92 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 46023 | —3.67 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 8509.8 | 5.57 |
| بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 15813 | 2.64 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 1282 | 2.48 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 4199 | 12.85 |

ئىزاھ: جەدۋەلدىكى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، 1999 - يىلى يۈرگۈزۈلۈۋاتقان باھا بويىچە 229 مىليون 600 مىڭ يۈەن بولىدۇ.

بولغان 4 - دەرىجىلىك تاشيوللى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى پۈتتۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى؛ 6 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان غەربىي كۆل ساياھەت رايونى پۈتكۈزۈلدى؛ 15 مىڭ 630 كۋادرات مېتىر تۇرالغۇ ئۆي پۈتكۈزۈلۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى، بۇنىڭ بىلەن 212 ئائىلىلىك ئاھالە يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىردى. توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 57 مىليون 600 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، توشۇلغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 66 مىليون 900 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 7 مىليون 536 مىڭ يۈەنگە، ئىدارە ئىشلىتىدىغان كوممۇتاتور 5048 توچكىغا، سىغىمى 11 مىڭ 640 توچكىغا؛ ئەسلى بار تېلېفون 6744 توچكىغا، يېڭىدىن كۆپەيگىنى 2212 توچكىغا يەتتى. ناھىيە بويىچە يەككە سودا - سانائەت ئورنى 1772گە، كەسپكارى 2881 گە يەتتى. يەككە ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى ئورۇنلار يۇقىرىغا تاپشۇرغان باج 1 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە، بازار سودىسىدا پۈتتۈشۈلگەن سومما 21 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە، ساياھەتچىلىكتىن قىلىنغان كىرىم 4 مىليون 532 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 279 (ئالىي دەرىجىلىكى 18، ئوقۇتقۇچىلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە). ناھىيىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 18 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 6)، ئوقۇتۇش نۇقتىسى 9، ئوقۇغۇچىسى 5661، (مىللىي 2309)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 436 (مىللىي 279)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 7 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 2)، ئوقۇغۇچىسى 2393 (مىللىي 1191)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 210 (مىللىي 106). ناھىيە ئاپتونوم رايوننىڭ «ئىككى ئاساسەن» بويىچە قايتا تەكشۈرۈشىدىن ۋە مەملىكەتلىك يۇقىرى ئۆلچەم بويىچە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىنى، ئاپتونوم رايوننىڭ «سايا قۇرۇلۇشى» تۈرىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. ناھىيە «پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە مەدەنىي ناھىيە» دېگەن نامغا ئېرىشتى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %90كە يەتتى. 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى خوشۇت ناھىيىسى «خوشۇت ناھىيىسى تەزكىرىسى»نى تارقىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى ۋە ناھىيە تەزكىرىسى تۈزۈشتىكى ئىلغار ئورۇن، ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلىدى. ناھىيە ئاپتونوم رايوننىڭ پاكىز ناھىيە بازىرى بەرپا قىلىش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. ناھىيە بويىچە 9 شىپاخانا، يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى، دوختۇرخانا، 157 كەسپىي تېخنىكا خادىمى، 105 كارىۋات بار. ناھىيە ئاپتونوم رايوننىڭ پىلانلىق تۇغۇتتىكى «ئۈچنى ئاساس قىلىش» بويىچە لاياقەتلىك ناھىيە ئۆلچىمىگە يېتىپ، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى. 30 مەيدان ھەرخىل ئەدەبىيات - سەنئەت ئويۇنى قويۇلدى. ناھىيە، يېزا بويىچە 10 قېتىم تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 4842 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ۋە 2 - نۆۋەتلىك مېيىپلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا قاتنىشىپ 7 مېدال قولغا كەلتۈرۈلدى. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى %98.6كە يەتتى. ناھىيە بويىچە 5 يېزا ئاپتونوم رايون بويىچە تەنتەربىيىدە ئىلغار يېزا بولۇپ باھالاندى.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2717 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 6525 يۈەنگە، ناھىيە بازىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 4866 يۈەنگە، ناھىيە بازىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 20.3 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. ھەرخىل سۇغۇرتىلاش سوممىسى 681 مىليون 680 مىڭ يۈەنگە، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 6 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 4 مىليون 430 مىڭ يۈەن، تۆلەم سوممىسى 960 مىڭ يۈەن؛ مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى كىرىمى 2 مىليون 80 مىڭ يۈەن، تۆلەم سوممىسى 970 مىڭ يۈەن. ناھىيە بويىچە 2 ياشانغانلار ساناتورىيىسى بولۇپ، 12 كارىۋات بار. ئۇلاردا ئىگە - چاقىسىز 12 بوۋاي - موماي بېقىلىۋاتىدۇ. 15 مېيىپ، 337 ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 2407 ئادەم ياشانغانلار كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى. ناھىيە بويىچە 102 ئائىلىدىكى 481 ئادەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. 760 مىڭ يۈەن ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش فوندى تارقىتىلدى. 3 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ئېفېدرىن زاۋۇتىنىڭ بۇلغىنىشىنى تىزگىنلەش قۇرۇلۇشى 9 - ئايدا باشلاندى، توپا - تاش قۇرۇلۇشى قىسمى تاماملاندى، بۇنىڭغا 1 مىليون 50 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇلغىنىشنى تىزگىنلەش ئۈسكۈنىسى ھازىر قۇراشتۇرۇلۇۋاتىدۇ.

ئىزاھ: يۇقىرىدىكى تۈرلۈك سانلىق مەلۇماتلار ناھىيە تەۋەسىدىكى ئورۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## ساياھەتچىلىكنى يېتەكچى قىلىپ، 3 - كەسىپنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرەيلى

خوشۇت ناھىيىسى ساياھەتچىلىكنى يېڭىدىن

كۆللىنىۋاتقان تۇۋرۇك كەسىپ ئورنىدا تەرەققىي قىلدۇرۇپ، خوشۇت ناھىيىسىنىڭ ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئېتىبار بېرىش سىياسىتى ۋە «ساياھەتچىلىك مەنبەسىنى ئېچىش قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش توغرىسىدا پىكىر»نى ئوتتۇرىغا قويدى. كۆل ساھىلى ۋە تاغلىق رايون ساياھەت بايلىقى ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ساياھەتچىلىك بويىچە كۈچلۈك ناھىيە بەرپا قىلىش، ساياھەتچىلىك ئارقىلىق ئىقتىسادنى ئىلگىرى سۈرۈش كۆز قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، ساياھەت بايلىقىنى ئېچىش ۋە باشقۇرۇشنى تەدرىجىي ئىلمىيلاشتۇردى ۋە قېلىپلاشتۇردى. ئالتۇنقۇم ساھىلى ئارامگاھ رايونىنى ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ناھىيە ساياھەتچىلىكىنى كەڭ كۆلەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردى. تۇنجى نۆۋەتلىك باغراش كۆلى ساياھەت ئىقتىسادى مۇھاكىمە يىغىنى، 99' باغراش كۆلى ئەجدىھا قېيىق بايرىمىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزدى. ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى، ساياھەت خاتىرە بۇيۇملىرىنى سېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش يىغىنى، ئېلان تەشۋىقاتى قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق ساياھەتچىلىك جەھەتتىكى تەشۋىقاتنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئالتۇنقۇم ساھىلىنىڭ ئېسىل ئوبرازىنى تۇرغۇزۇپ، 3 - كەسىپنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى. ناھىيە بويىچە ھەرخىل ساياھەت مېھمانخانىسى 138گە، مېھمانساراي 45كە، كارىۋات 1800 نەچچىگە، ساياھەت كىرا ماشىنىسى 58گە، ئېچىلغان ساياھەت قاتناش لىنىيىسى 4كە، كەسىپكار 1500 نەچچىگە، باشقۇرغۇچى 158گە يەتتى. بىر يىلدا ساياھەتچى 167 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە، ساياھەتچىلىكتىن قىلىنغان كىرىم 4 مىليون 532 مىڭ يۈەنگە، ئالاقىدار 3 - كەسىپ كىرىمى 31 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

☆ خوشۇت ناھىيىسىنىڭ ئالتۇنقۇم ساھىلى ساياھەت تاشيولىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى پۈتۈپ 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى قاتناش باشلاندى.

☆ 1999 - يىلى خوشۇت ناھىيىسى «مەملىكەت بويىچە ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى نەمۇنە ناھىيە»، «مېھىر - شەپقەت ئاتا قىلىش تۆھپىكارى» بويىچە مەملىكەتلىك ئىلغار ناھىيە دېگەن شەرەپلىك ناملارغا ئېرىشتى.

شۈي خەيفاڭ

# باغراش ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

باغراش ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، قاراشەھەر ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا، قاراشەھەر دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىغا جايلاشقان. ئورۇمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 430 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 6، يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانلىرىنىڭ نوپۇسى بۇنىڭ سىرتىدا) 46 مىڭ 605 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 17 مىڭ 458)؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 10.76‰، ئۆلۈش نىسبىتى 3.41‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 7.35‰. ناھىيە بويىچە 10 مىڭ 30 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 4160 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 5870 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى چۆل كىلىماتىغا كىرىدۇ.

باغراش ناھىيىسىدىن چىقىدىغان داڭلىق مەھسۇلاتلاردىن پىسۇۋلەڭ، پەمىدۇر، قىزىلمۇچلار بار. باغراش ناھىيىسىدە مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق تاتلىق سۇلۇق كۆل — باغراش كۆلى بار. بۇ كۆلنىڭ سۇ كۆلىمى 1061 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇ شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ بېلىقچىلىق بازىسىدۇر. كۆل رايونىدىكى قومۇشلۇق كۆلىمى 26 مىڭ 700 گېكتار، قومۇشنىڭ يىللىق زاپىسى 200 مىڭ توننىدىن ئاشىدۇ، بۇ قومۇشلۇق مەملىكىتىمىز بويىچە 4 چوڭ قومۇش بازىسىنىڭ بىرى. قېزىلما بايلىقلاردىن تۇز، شور، تورف قاتارلىقلار بار، نېفىت، تەبىئىي گاز زاپىسىمۇ خېلى كۆپ.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ باغراش ناھىيىلىك 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ بو (5 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، فەن شياڭپىڭ (5 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: چ. ئاراش (موڭغۇل).

ھاكىم: ئەرىنچارا (موڭغۇل).

سىياسىي كېڭەش 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: فاڭ جۇڭگوي.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 138 مىليون 620 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 138 مىليون 620 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 5.98% ئاشتى. 23 مىڭ 820 توننا ئاشلىق، 6189 توننا ياغلىق دان، 149 مىڭ 220 توننا سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان پەمىدۇر، 50 مىڭ توننا قومۇش

## خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 ـ يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 26475 | 10.2 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 10600 | 4.6 |
| | 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 6344 | 17.1 |
| | 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 9531 | 15.7 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 23820 | −8.48 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 10 | 2.15 |
| يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 13420 | −9.07 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 54027 | 5.83 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 7230 | 11 |
| بازار ـ يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 15705 | 15.41 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 1407 | 26.42 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 4257 | 20.73 |

**ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 180 مىليون 500 مىڭ يۈەن.**

ئېلىندى. 33 .298 گېكتار يەرگە كۆچەت تىكىلدى. 1492 توننا گۆش، 180 توننا يۇڭ، 332 توننا سۈت، 2870 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 200 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيدى، 67 .866 گېكتار ئوتتۇرا، تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز ئۆزگەرتىلدى. باغراش رايونىدا كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش پىلانىنى يولغا قويۇش لايىھىسى تۈزۈلۈپ يولغا قويۇلدى. قاراشەھەر دەرياسىنى مۇستەھكەملەپ كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش قۇرۇلۇشى تاماملاندى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 117 مىليون يۈەن (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا) گە يېتىپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن %95 .28 ئاشتى. 37 مىڭ 830 توننا پەمىدۇر قىيامى (باغراش ناھىيىسىنىڭ 21 مىڭ توننا)، 564 توننا قىزىلمۇچ ياسالمىسى، 7000 كۇب مېتىر پەنەركە، 3074 كۇب مېتىر سېمونت قۇيۇلما، 3798 توننا ئۇن ئىشلەپچىقىرىلدى. «كېجى» شىركىتىنىڭ كۈنىگە 3960 توننا سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان پەمىدۇرنى بىر تەرەپ قىلىش لىنىيىسىنىڭ تېخنىكىسىنى ئۆزگەرتىش تۈرى تاماملاندى. باغراش ناھىيىسى مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنى يۈتكۈزۈپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا ئۆلچەمگە يەتكەن ناھىيە بولدى، يېزا ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى. چاغانئۇر يېزىسىنىڭ سۇ تارتىش پونكىتى ۋە خۇردان سۇ تارتىش پونكىتىنى كېڭەيتىشنىڭ ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى تاماملاندى، كۆل بويىغا 7 سۇ تارتىش ۋە سۇ چىقىرىۋېتىش پونكىتى قۇرۇلدى. جەمئىيەت بويىچە ئۇراقلىق مۇلۈككە 87 مىليون 410 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېڭىدىن كۆپەيگەن ئۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 36 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى. ناھىيە بويىچە 5 يېزا، بىر كەنتكە ئاپتوبۇس قاتنىدى. تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 3 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى تېلېفون ئابونىتى 4806 گە، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 662 مىڭ يۈەنگە يەتتى، پوچتا پۇل ئامانىتى «يېشىل كارتوچكا» تورى ۋە پوچتا ئۇنىۋېرسال كومپيۇتېر تورى قۇرۇلۇپ سىناق تەرىقىسىدە ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. 103 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان «بەيلۇجۇ» مەنزىرە ساياھەت رايونى تورىنىڭ ئالدىنقى قارارلىق خىزمىتى ئاساسىي

جەھەتتىن تاماملاندى، شۇنداقلا دۆلەت پىلان كومىتېتى، ساياھەت ئىدارىسى تەرىپىدىن ساياھەت بايلىقىنى ئېچىش ۋە تەبىئىي ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش مۇئەسسەسەلىرىنى قۇرۇش پىلانىغا كىرگۈزۈلدى، بىر يىلدا ساياھەتچىلىكتىن قىلىنغان كىرىم 11 مىليون يۈەنگە يەتتى.

### پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 399 (ئالىي دەرىجىلىكى 26). 11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ناھىيە «مەملىكەت بويىچە پەن - تېخنىكا خىزمىتىدىكى ئىلغار ناھىيە» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى. ناھىيىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 27 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 5)، ئوقۇغۇچىسى 6498 (مىللىي 1442)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 7 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 2)، ئوقۇغۇچىسى 3064 (مىللىي 716)؛ بالىلار باغچىسى 3، باغچىدىكى بالا 402 (مىللىي 72). ناھىيە بويىچە ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 1075 (مىللىي 402). 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى باغراش ناھىيىسى دۆلەتنىڭ يۇقىرى ئۆلچەم بويىچە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىشنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. ناھىيە ئوبلاست بويىچە ھەممە يېزىدا، ھەممە كەنتتە رادىئو ئاڭلىغىلى، تېلېۋىزور كۆرگىلى بولۇش نىشانىنى ئالدىن ئىشقا ئاشۇردى. ناھىيە بويىچە 9 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 174 سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 100 كارىۋات بار. ئوبلاست بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 3 - نۆۋەتلىك «سەنئەت بايرىمى» كۆرىكىدە باغراش ناھىيىسى ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ۋە مۇنەۋۋەر مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ناھىيىنىڭ ئوقيا ئېتىش كوماندىسى ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا قاتنىشىپ، ئەرلەر كوللېكتىپ 6 - لىككە، ئاياللار كوللېكتىپ 3 - لىككە ئېرىشتى.

### خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2407 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 4214 بولۇپ، ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە مائاشى 8099 غا يەتتى. ناھىيە بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ سېلىقى يېنىكلىتىلگەچكە، ئوتتۇرىچە كىرىمى 44.7 يۈەن كۆپەيدى. 12 - ئاينىڭ 22 - كۈنى باغراش ناھىيىسى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئەلا پاكىز ناھىيە بازىرى بەرپا قىلىندى.

☆ 7 - ئايدا قاراشەھەر دەرياسى ۋادىسى 100 يىلدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان زور كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچرىدى، كەلكۈن 40 نەچچە كۈن داۋاملاشتى، باغراش كۆلىنىڭ سۇ ئورنى ئۈزلۈكسىز ئۆرلەپ، كۆل بويىدىكى 5 يېزا، 2 بېلىقچىلىق مەيدانىدىكى 1895 ئائىلىلىك دېھقان - چارۋىچىدىن 7884 ئادەم ئاپەتكە ئۇچرىدى، 236 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى، 2000 گېكتار مۇنبەت ئېتىز، كۆل بويىدىكى 3333.33 گېكتار ئوتلاقنى سۇ بېسىپ كەتتى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 32 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

خەن خۇڭۋېي

## بۇگۈر ناھىيىسى

### ئاساسىي ئەھۋالى

بۇگۈر ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 633 كىلومېتىر، تۆمۈريول مۇساپىسى 645 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 10، مەيدان 4. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 108 مىڭ 815 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 75 مىڭ 846)، يېزا نوپۇسى 62 مىڭ 736؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰14.16، ئۆلۈش نىسبىتى ‰7.04، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰7.12. ناھىيە بويىچە 15 مىڭ 150 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 8760 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز ئورنى تېرىلغۇ كۆلىمى 8693 گېكتار)، 9700 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئېگىز ئورنى تېرىلغۇ كۆلىمى 653 گېكتار) تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

بۇگۈرناھىيىسى دۆلەتنىڭ ئاشلىق ۋە پاختا بازىسى ناھىيىسى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى، ناھىيىدىن چىقىدىغان مەھسۇلاتلاردىن نەشپۈت، ئۆرۈك، ئۈزۈم، شاپتۇل قاتارلىق مېۋىلەرنىڭ سۈپىتى ياخشى. تارىم دەرياسىنىڭ ناھىيە تەۋەسىدىن ئۆتىدىغان قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 85 كىلومېتىر، يەر ئاستى سۇ بايلىقى 292 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 1 مىليون 5000 گېكتار تەبىئىي ئوتلاق، 24 مىڭ گېكتار تەبىئىي توغراقلىق بار. ناھىيە تەۋەسىدە ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن قوڭۇر ئېيىق، يىلپىز، سۆلەيسۈن، ئارقار، بۇغا، ئۇلار، ئاق قۇ قاتارلىقلار، دورىلىق ياۋا ئۆسۈملۈكلەردىن چۈچۈكبۇيا، قانتېپەر، كىرمەش، قارلەيلىسى، چاكاندا قاتارلىقلار، ئاساسلىق قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، كرىستال تۇز، نېفىت، چىرىمتال، گەج، مىس،

ئالتۇن قاتارلىقلار بار. كۆمۈر زاپىسى 643 مىليون توننىغا، كرىستال تۇز زاپىسى 4 مىليون توننىغا يېتىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدە مول مەدەنىيەت يادىكارلىق ئىزلىرى ۋە ساياھەت نۇقتىلىرى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ بۈگۈر ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لى بولىن.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ھوشۇر ئەمەت.

ھاكىم: توختى نۇر.

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ۋاڭ يۈشۇ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 304 مىليون 700 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 190 مىليون 110 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %3.16 ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 51 مىڭ 973 توننا ئاشلىق، 688 توننا ياغلىق دان، 13 مىڭ 50 توننا پاختا، 11 مىڭ 504 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. شۇ يىلى 2611 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. 5000 توننا گۆش، 700 توننا سۈت، 451 توننا يۇڭ، 203 مىڭ 200 پارچە تېرە، 45 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 45 مىليون 140 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 1840 گېكتار بوزيەر ئېچىلدى، 2333 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى. ناھىيە بويىچە يېزا - بازار كارخانىسى 1578 گە، كىرىمى 61 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 466 مىليون 790 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 464 مىليون 420 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %38.8؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 34 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %44 ئاشتى. 220 مىڭ توننا كۆمۈر، 11 مىڭ 21 توننا تۇز، 3202 توننا ئۇن، 67 توننا سۇ يېغى، 7637 توننا ئىنچىكە ئىشلەنگەن تۇز، 134 توننا بالقاق، 11 مىڭ 760 توننا ساپ پاختا ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 166 مىليون 120 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. توشۇلغان يولۇچى

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 134988 | 28.7 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 19308 | 15.9 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 104936 | 39 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 10744 | 6 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 51973 | 4.5 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 31.31 | 1 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 8197 | 20.5 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (تۈمەن كىلوۋات) | | 6.21 | 12.7 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 16968 | 8.9 |
| بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 21763 | —30 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 8112 | —0.6 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 11965 | 22.7 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 505 مىليون 130 مىڭ يۈەن.

ئوبوروت مىقدارى 10 مىليون 430 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 1 مىليون 339 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 863 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 6 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى پروگراممىلىق تېلېفون 4270 توچكىغا، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 32 مىليون 159 مىڭ يۈەنگە، بازار سودىسىدا پۈتتۈشۈلگەن سومما 170 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 596 (523 ئوقۇتقۇچىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە). ناھىيىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 54 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 45)، ئوقۇغۇچىسى 12 مىڭ 500 (مىللىي 10 مىڭ 657)، ئوقۇتقۇچى 812 (مىللىي 699)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 12 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 11)، ئوقۇغۇچىسى 6964 (مىللىي 6390)، ئوقۇتقۇچىسى 547 (مىللىي 496)؛ بالىلار باغچىسى 2، باغچىدىكى بالا 664 (مىللىي 182)، باغچا ئوقۇتقۇچىسى 86 (مىللىي 43). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 5 مىليون 700 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %90كە يەتتى. ناھىيە بويىچە 13 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى (بۇنىڭ ئىچىدە 2 سى دوختۇرخانا، 11ى شىپاخانا)، 315 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 298 كارىۋات بار. يېزا - بازارلاردا 87 قېتىم تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 46 مىڭ 400 ئادەم قاتناشتى. ناھىيە كوماندىسى ئاپتونوم ئوبلاست بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ۋاسكىتبول مۇسابىقىسىدە 3 - لىككە ئېرىشتى.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2021 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 8104 يۈەنگە يەتتى. ھەرخىل سۇغۇرتا كەسپىنىڭ سۇغۇرتىلاش سوممىسى 8 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە، مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 4 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 3 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە؛ مال- مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەم ھەققى 3 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە، جىسمانىي سۇغۇرتا بويىچە تۆلەم سوممىسى ۋە بېرىلگەن پۇل 1 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 94 مىڭ 24 كۋادرات مېتىرلىق ئۆي - ئىمارەت پۈتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يېڭىدىن كۆپەيگەن تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 69 مىڭ 913 كۋادرات مېتىر. ناھىيە بازىرىنىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %25كە يەتتى، كىشى بېشىغا 7.6 كۋادرات مېتىردىن كۆكۈلمەيدان توغرا كەلدى.

ئىزاھ: سانائەت مەھسۇلات قىممىتى، سانائەت قوشۇلما قىممىتى ۋە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى رايونغا تەۋە ساندىن ئىبارەت (نېفىتنىڭكىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە).

يۈ جۇنخۇا، جاۋ شىنچېڭ

# لوپنۇر ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

لوپنۇر ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي - شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 520 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 7، مەيدان 4. يىل ئاخىرىدىكى ناھىيىگە قاراشلىق نوپۇس (بىڭتۇەننىڭ ناھىيىدە تۇرۇشلۇق تۇەن - مەيدانلىرىدىكى نوپۇس بۇنىڭ سىرتىدا) 54 مىڭ 924 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 27 مىڭ 757)، يېزا نوپۇسى 38 مىڭ 600؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰1. 13، ئۆلۈش نىسبىتى ‰74. 4، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰36. 8. ناھىيە بويىچە 22 مىڭ 480 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 3820 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (كېۋەز ئورنى تېرىلغۇ كۆلىمى شۇنىڭ ئىچىدە)، 18 مىڭ 60 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى چۆللۈك كىلىماتىغا كىرىدۇ.

لوپنۇر ناھىيىسىدە 171 مىڭ 800 گېكتار ئورمان بار بولۇپ، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 9.2%كە يېتىدۇ. ئاساسلىق دەل - دەرەخلەردىن توغراق، جىگدە، قارىياغاچ، شىنجاڭ تېرىكى، يۇلغۇن قاتارلىقلار بار. پايدىلانغىلى بولىدىغان 405 مىڭ گېكتار ئوتلاق بار. ياۋا ئۆسۈملۈكلەردىن چۈچۈكبۇيا، لوپنۇر كەندىرى قاتارلىقلار، ئاساسلىق قېزىلما بايلىقلاردىن ۋېرمىكۇلىت، سۇرمە تاش، كۆمۈر قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ لوپنۇر ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ

شۇجىسى: ليۇ كېيى.

13 - ئۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: نىياز ئابلا.

ھاكىم: جېلىل ناسىر.

سىياسىي كېڭەش 11 - ئۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ليۇ كېيى.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 292 مىليون 390 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 216 مىليون 670 مىڭ يۈەن) بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 2.92% تۆۋەنلەپ كەتتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 18 مىڭ 184 توننا ئاشلىق، 25 مىڭ 565 توننا پاختا، 5277 توننا قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە ئېلىندى. 1569 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 236 مىڭ تۈپ مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىلدى. 80 گېكتار يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى. 55 گېكتار يەردە يېڭىدىن كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى. 3066 توننا گۆش، 539 توننا سۈت، 160 توننا يۇڭ، 21 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 110 مىڭ پارچە تېرە ئېلىندى، 99 توننا بېلىق تۇتۇلدى. ناھىيە بويىچە يېزا - بازار كارخانىسى 1252 گە، كىرىمى 224 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 60283 | 0.69 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | 18184 | —17.06 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | 25.41 | 1.36 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 13275 | —45.82 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | 52881 | 0.3 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | 5107 | 8.04 |
| بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | 33516 | 43.54 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | 2197 | 10.16 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | 3933 | —16.12 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 413 مىليون 480 مىڭ يۈەن.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 294 مىليون 810 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 199 مىليون 200 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 46.5% ئاشتى. 40 مىليون 500 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 142 مىليون 400 مىڭ توننا ۋېرمىكۇتىت، 4884 كۇب مېتىر كۆپتۈرمە ۋېرمىكۇتىت، 28 مىڭ 701 توننا ساپ پاختا، 287 توننا چۈچۈكبۇيا پاسالمىسى، 7 توننا لوپنۇر كەندىرى، 2000 توننا ئۇن، 90 توننا گۈرۈچ، 5149 توننا سۇ يېغى ئىشلەپچىقىرىلدى. توشۇلغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 18 مىليون 80 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 64 مىليون 190 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 10 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى پروگراممىلىق تېلېفون 23 مىڭ 694 توچكىغا، بازار سودىسىدا پۈتتۈشۈلگەن سومما 31 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە (بىڭتۇەننىڭ ناھىيە تەۋەسىدىكى تۈەن - مەيدانلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) يەتتى، ساياھەتچىلىكتىن قىلىنغان كىرىم 1 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 326 (بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇتقۇچى 239). ناھىيىدىكى مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپ 15، ئوقۇغۇچىسى 7747 (مىللىي 4209)، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 529 (مىللىي 334)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 3 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 2)،

ئوقۇغۇچىسى 3682 (مىللىي 2425)، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 224 (مىللىي 172)؛ باللار باغچىسى ئوقۇتقۇچىسى 29. مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 3 مىليون 650 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە ئىلمىي تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %80كە، سىمسىز تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95كە، رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100كە يەتتى. ناھىيە بويىچە 13 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 204 سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 195 كارىۋات بار. ناھىيە ۋە يېزا بويىچە 21 قېتىم تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 8000 دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 2422 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 7765 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە ياشانغانلار ساناتورىيىسى 7 بولۇپ، 27 ئىگە - چاقىسىز بوۋاي - موماي بېقىلىۋاتىدۇ، 141 ئادەم تارقاق بېقىلىۋاتىدۇ، 94 توننا قۇتقۇزۇش ئاشلىقى تارقىتىلدى، بۇنى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 234 مىڭ 300 يۈەن بولىدۇ. 440 مىڭ يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىلدى. يېزىلاردا 10 مىڭ 151 ئادەم ياشانغانلار كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى، سۇغۇرتىلاش سوممىسى 909 مىڭ 607 يۈەنگە يەتتى. «خەلق رايى قۇرۇلۇشى» پائالىيىتى يولغا قويۇلۇپ، 27 ئائىلىلىكنىڭ تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشى، 4 سىنىپنىڭ قۇرۇلۇشى كېڭەيتىلدى.

ۋاڭ جيەنچياڭ

# چاقىلىق ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

چاقىلىق ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىغا، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شەرقىي - جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 894 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق رايونلۇق مەھكىمە بىر، بازار 2، يېزا 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 21 مىڭ 764 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 11 مىڭ 956)، يېزا نوپۇسى 15 مىڭ 731؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰10.84، ئۆلۈش نىسبىتى ‰4.9، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰5.94. ناھىيە بويىچە 2530 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 1650 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائەتى (ئېگىز ئورنى تېرىلغۇ كۆلىمىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 1430 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى چۆللۈك قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

چاقىلىق ناھىيىسى تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ ئېقىن مىقدارى 2 مىليارد 310 مىليون كۇب مېتىرغا، ئېچىپ پايدىلانغىلى بولىدىغان ئېقىن مىقدارى 280 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ زاپىسى 307 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. ناھىيە بويىچە 56 مىڭ 200 گېكتار ئورمان، 1 مىليون 133 مىڭ گېكتار ئوتلاق، 800 مىڭ گېكتار پايدىلانغىلى بولىدىغان ئوتلاق بار. ناھىيە تەۋەسىدە دۆلەت دەرىجىلىك ئالتۇنتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى ۋە ئالتۇنتاغ ياۋا تۆگە تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، كىرورەن قەدىمكى شەھىرى، ئىدۇن قەدىمكى شەھىرى، ۋاششەرى قەدىمكى شەھىرى خارابىسى قاتارلىقلار بار. تاشپاختا، قاشتېشى، ئالتۇن، كالىيلىق تۇز، كۆمۈر قاتارلىق 40 نەچچە خىل قېزىلما بايلىق تېپىلدى، تاشپاختىنىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان زاپىسى 27 مىليون توننىدىن ئاشىدۇ.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ چاقىلىق ناھىيىلىك 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جۇڭ يۈن.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: گايىت ئەخمەت.

ھاكىم: جېلىل ئابدۇرېھىم.

سىياسىي كېڭەش 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: جۇڭ يۈن.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 53 مىليون 501 مىڭ 900 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 28 مىليون 170 مىڭ يۈەن) بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن %13.6 كېمەيدى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 9789 تونىنا ئاشلىق، 1815 تونىنا پاختا، 7 تونىنا ياغلىق دان، 3834 تونىنا كۆممىقوناق ئېلىندى. 332 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى (ئىقتىسادىي ئورمان 323 گېكتار، ئىھاتە ئورمىنى 9 گېكتار)، 6 گېكتار يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى. 1249 تونىنا گۆش، 46 تونىنا سۈت، 117 تونىنا يۇڭ، 3.7 تونىنا ئۆچكە تىۋىتى، 39 مىڭ پارچە تېرە، 85 تونىنا تۇخۇم، 10 تونىنا ھەسەل ئېلىندى، 285 بۇغا بېقىلدى. 355 تونىنا مېۋە - چېۋە (بۇنىڭ ئىچىدە چىلان 20 تونىنا)، 335 تونىنا قوغۇن - تاۋۇز، 1026 تونىنا كۆكتات ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 3

مىليون 160 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 19 كىلومېتىر يۇقىرى ئۆلچەملىك سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ، 100 يۇرۇشلەشكەن ئىنشائات ياسالدى، 200 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيدى، 24 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، تاشسايدا 733 گېكتار بوزيەر ئېچىلدى، 4 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، 5 يۇرۇشلەشكەن ئىنشائات ياسالدى. ناھىيە بويىچە قاشالانغان ئوتلاق كۆلىمى 6000 گېكتارغا يەتتى. 35 ئىسسىق ئېغىل - قوتان رېمونت قىلىندى، 35 ئائىلىلىك چارۋىچى ئولتۇراقلاشتى (يېرىم ئولتۇراقلاشتى) . 13 مىڭ 300 گېكتار ئوتلاق ياخشىلاندى، 400 سىلوس ئورىسى ياسىلىپ، 6026 توننا يەم - خەشەك سىلوسلاندى. 58 مىڭ 800 تۇياق تۆل ئېلىندى، تۆللەرنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتى %81كە يەتتى. يېزا - بازار كارخانىسى 602 (يەككىلەرنىڭ 583) بولۇپ، پايدىسى 6 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە؛ يەككە سودا - سانائەتچى 672گە، ئۇلارنىڭ تىزىملاتقان مەبلىغى 5 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 65 مىليون 990 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن %7.1 كېمەيدى؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 23 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %14.8 ئاشتى. ئىشلەپچىقىرىلغان تاشپاختا 30 مىڭ توننىغا، سېتىلغىنى %93كە، مەھسۇلات قىممىتى 50 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە؛ تاشپاختىدىن ئىشلەنگەن چىگىت رەخت 76 توننىغا، مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 4 مىليون 950 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئىشلەپچىقىرىلدى، ناھىيە بازىرى 870 مىڭ كۇب مېتىر سۇ بىلەن تەمىنلەندى، 3173 توننا كۆمۈر، 4 مىليون 200 مىڭ دانە خىش، 34.8 توننا قاشتېشى، 1000 سەر ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىلدى. چاقىلىق ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قومۇل شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن بىرلىشىپ لوپنۇرنىڭ شىمالىدىكى ئويمان يەردىكى كالىيلىق تۇز مەنبەسىنى ئېچىش توغرىسىدا ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە جىگىيۈخۇ كۆلى، ئاچچىق كۆلىدىكى گالوگېنلىق قۇرت بايلىقىنى ئېچىش سالمىقىنى ئاشۇردى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 25 مىليون 860 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. تۇراقلىق مۈلۈك 19 مىليون 510 مىڭ يۈەن كۆپەيدى، 18 مىڭ 940 كۋادرات مېتىر ئۆي پۈتتى. 4 - ئاينىڭ 18 - كۈنى تاغئاغزى ئېلېكتر ئىستانسىسى ئىش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 4 مىليون 993 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە تېلېفوننىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى %51.2كە يەتتى، 472 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى شىنجاڭدىن سىرتقا چىقىدىغان 2 - ئوپتىك كابېل ئىشقا

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 7993 | 2.7 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 2470 | —15.2 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 2119 | —1.9 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 3404 | 25.6 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 9789 | 6.45 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 11.7 | 2.63 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 8785 | —8.82 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 15569 | 10 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 3446.3 | 25.83 |
| بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 9172 | —7.73 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 742 | 7.69 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 4219 | 22.43 |

كېرىشتۈرۈلدى. بازار سودىسىدا پۈتۈشۈلگەن سودىسا 980 مىڭ يۈەنگە، تاۋارلارنىڭ سېتىلىش سوممىسى 3 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە، ساياھەتچىلىكتىن قىلىنغان كىرىم 300 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 144 (ئالىي دەرىجىلىكى 9). ناھىيىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 4 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 2)، ئوقۇغۇچىسى 1193؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 11 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 4، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلار بىلەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان باشلانغۇچ مەكتەپ بىر)، ئوقۇغۇچىسى 2866؛ بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 121 (مىللىي 34). ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 378 (مىللىي 231). 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ «ئىككى ئاساسىن» تەربىيىسى خىزمىتى باينىغولىن ئوبلاستلىق ھۆكۈمەتنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 90.6%كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى ئۈنۈملۈك قاپلاش نىسبىتى 99.4%كە يەتتى. سىملىق تېلېۋىزىيىدە 19 يۆرۈش پروگراممىا يولغا قويۇلدى. ناھىيە بويىچە 13 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى (بۇنىڭ ئىچىدە يېزا - بازار شىپاخانىسى 6)، 146 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 70 كارىۋات بار. 1999 - يىلى ناھىيە بويىچە 25 قېتىم تۈرلۈك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 3238 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا دەرىجىلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى 18 قېتىم ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 2370 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى. 2933 ئادەم «دۆلەتلىك تەنتەربىيىدە چېنىقىش ئۆلچىمى»گە يەتتى. ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى 93.8%كە يەتتى.

### خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1869 يۈەنگە يەتتى، دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە سېلىقى 1998 - يىلدىكىدىن 72 يۈەن كېمەيدى. ناھىيە بويىچە ئىشچى - خىزمەتچى 2822 بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 8351 يۈەنگە يەتتى. ھەرخىل مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ سۇغۇرتىلاش سوممىسى 90 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە، تۆلەم سوممىسى 1 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يېزىلاردا 3500 ئادەم ياشانغانلار كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى، ياشانغانلار كۆتۈنۈش سۇغۇرتا سوممىسى ئۈچۈن 650 مىڭ يۈەن يىغىۋېلىندى. بازار - يېزىلاردىكى 39 ئادەم دۆلەتنىڭ قۇتقۇزۇشىغا ئېرىشتى، 23 ئادەم قەرەللىك قۇتقۇزۇلدى. 69 يېتىم - يېسىر، بوۋاي - موماي، مېيىپ، بالا كوللېكتىپ تەرىپىدىن تارقاق بېقىلدى. مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىنى تۈزەش بويىچە ئاماللانغان تۈرلەر: 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان دوختۇرخانىلارنىڭ يۇندىسىنى بىر تەرەپ قىلىش قۇرۇلۇشى، 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان خىش زاۋۇتىنىڭ ئىس - تۈتەكلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش تۈرى (بىختۇەن يېزا ئىگىلىك 2 - شىسىنىڭ شۇنىڭ ئىچىدە)، 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان مەركەزلەشتۈرۈپ پار بىلەن تەمىنلەشتىكى بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش قۇرۇلۇشى تۈرى.

جۇلىڭ يەنچيۇ

# چەرچەن ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

چەرچەن ناھىيىسى كۇئېنلۇن تېغى، ئالتۇنتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي - جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. شىمالدا ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان ئاشيول مۇساپىسى 1270 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى چەرچەن ناھىيىسىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 11، چارۋىچىلىق فېرمىسى 2، ئورمانچىلىق مەيدانى بىر، ناھىيە تەۋەسىدە بىختۇەن يېزا ئىگىلىك 2 - شىسىنىڭ چەرچەن ناھىيىسىدىكى قۇرۇلۇش تارماق ئەترىتى بار. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (چەرچەن ئىمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش تارماق ئەترىتىنىڭ نوپۇسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 52 مىڭ 651 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 40 مىڭ 728)، يېزا نوپۇسى 37 مىڭ 608؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 13.26‰، ئۆلۈش نىسبىتى 4.64‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 8.62‰. ناھىيە بويىچە 9439.53 گېكتار ئاق يەر، 1727.58 گېكتار ئېگىز ئورنى بار بولۇپ، 4629.11 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائەتتى، 6433.49 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى.

چەرچەن ناھىيىسىدە مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ ياۋايى ھايۋان تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى — ئالتۇنتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى رەسمىي تەستىقلانغان مۇنتىزىم ياۋايى ھايۋان ئوۋلاش مەيدانى — ئالتۇنتاغ ئوۋچىلىق رايونىدىكى چەرچەن ئوۋچىلىق مەيدانى بار. ئوتتۇرا كۇئېنلۇن ياۋايى ھايۋان ئېكولوگىيىلىك باغچىسى، شىمالىي شىنجاڭ ئادەمسىز ئېكسپېدىتسىيە رايونى، چەرچەن دەرياسى ئېقىن ساياھىتى قاتارلىق ئالاھىدە ساياھەت

ئورۇنلىرى تەسىس قىلىندى. ناھىيە تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارى 1 مىليارد 330 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ زاپىسى 1 مىليارد 390 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. ئاساسلىق ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن چۈچۈكبۇيا، توشقان زەدىكى، زاراڭزا قاتارلىق 55 خىلى، ئاساسلىق ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن جەرەن، ئارقار، بۆكەن، قىزىل تۈلكە، ئوتلاق بۆرىسى، ياۋا تۆگە، يىلپىز، تىبەت بۆكىنى، ئۆلار، قوڭغۇر ئېيىق قاتارلىقلار، ئاساسلىق قېزىلما بايلىقلاردىن نېفىت، تاشپاختا، قاشتېشى، كۆمۈر قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ چەرچەن ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: سۇن جيەنشىن (9 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جاڭ شياۋپىڭ (9 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

14 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: توختى ئىمىن.

ھاكىم: ساتتار مۇتەللىپ.

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: سۇن جيەنشىن (2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، چېن شياۋگەن (خۇيزۇ، 2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 162 مىليون 667 مىڭ 400 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 109 مىليون 10 مىڭ 200 يۈەن) بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن %15.9 كېمەيدى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 23 مىڭ 841 توننا ئاشلىق، 7665 توننا پاختا، 1197 توننا ياغلىق دان، 8700 توننا قوغۇن - تاۋۇز، 5026 توننا كۆكتات ئېلىندى. بەرپا قىلىنغان لاياقەتلىك ئورمان كۆلىمى 611 گېكتارغا يەتتى، 76 گېكتار يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى. 3888 توننا گۆش، 830 توننا سۈت، 365 توننا يۇڭ، 64 مىڭ 100 پارچە تېرە ئېلىندى. قولدىن چىقىرىلغان چارۋا 175 مىڭ 300 تۇياققا يېتىپ، %10.14 كۆپەيدى. ئېتىز - ئېرىق سۇغىرىلىق

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 21246 | -4.7 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 10588 | -2.3 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 4353 | -21.3 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 6305 | 0.8 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 23841 | -8.89 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 32.32 | -4.09 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 2310 | 15.73 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (تۈمەن كىلوۋات) | | 2.81 | 1.44 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 5950 | 6.1 |
| بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 20610 | 71.36 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 6649 | -0.23 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 10782 | 24.91 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 130 مىليون 470 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 72 مىليون 920 مىڭ يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 18 مىليون 710 مىڭ يۈەن، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 38 مىليون 840 مىڭ يۈەن.

ئاساسىي قۇرۇلۇشقا 3 مىليون 920 مىڭ 600 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 49 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ، 250 يۇرۇشلۇق ئىنشائات ياسالدى، 14 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، يۇقىرى ئۈلچەملىك سۇغىرىلىدىغان يەر 333.33 گېكتار كۆپەيدى، 1466.67 گېكتار ئوتتۇرا، تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز ئۆزگەرتىلدى، 1120 گېكتار بوزيەر ئېچىلدى. يېزا - بازار كارخانىسى 1162گە، كىرىمى 21 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 56 مىليون 450 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 32 مىليون 810 مىڭ يۈەن) بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن %9.1، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 20 مىليون 281 مىڭ يۈەن بولۇپ، %9.2 تۆۋەنلەپ كەتتى. 12 مىليون 430 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 7733 توننا سېمونت، 11 مىڭ 507 توننا كۆمۈر، 80 توننا قاشتېشى، 2393 توننا ئۇن، 1931 توننا سۇ يېغى، 7510 توننا ساپ پاختا، 22 توننا ھاراق ئىشلەپچىقىرىلدى. ئاساسىي قۇرۇلۇشقا 42 مىليون 170 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 1998 - ۋە 1999 - يىللىرى 30 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنغان 2 - نومۇرلۇق ئالتۇنتاغ ئاھالىلەر گۇلزارلىق مىكرو تورالغۇ رايونىنىڭ قۇرۇلۇشى تاماملاندى. تورالغۇ رايونىنىڭ كۆلىمى 47.9 گېكتار، قۇرۇلۇش كۆلىمى 35 مىڭ 77 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 342 ئائىلىنىڭ تورالغۇ ئۆي مەسىلىسى ھەل قىلىندى. توشۇلغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 30 مىليون 180 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 50 مىليون 600 توننا - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 580 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى پروگراممىلىق تېلېفون 3730 توچكىغا يەتتى. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن 17 مىڭ 900 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە چەت ئەللىك ساياھەتچى 262 ئادەم (قېتىم)، ساياھەتچىلىكتىن 1 مىليون 170 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى.

### پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 271. 1999 - يىلى چەرچەن ناھىيىسى «مەملىكەت بويىچە پەن - تېخنىكا خىزمىتىدىكى ئىلغار ناھىيە» دېگەن نامغا ئېرىشتى. 11 تۈرلۈك يېرىك يېزا ئىگىلىكىدىن مول ھوسۇل ئېلىش پىلانى ئومۇملۇق يولغا قويۇلدى. ناھىيە دەرىجىلىك 16 تۈرلۈك پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى باھالاندى، 5 تۈر ئاپتونوم ئوبلاستقا يوللاندى. ناھىيىدىكى ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 4 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 4)، مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ 2 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر). ئوقۇغۇچىسى 3942 (مىللىي 3160)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 16، ئوقۇغۇچىسى 9030 (مىللىي 6991). بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 312 (مىللىي 164). ناھىيە بويىچە ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 975 (مىللىي 762). ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى %98كە، مۇستەھكەملىنىش نىسبىتى %99كە، مەكتەپ پۈتتۈرۈش نىسبىتى %96كە؛ ياشلار ئارىسىدىكى ساۋاتلىقلار نىسبىتى %98.3كە يەتتى. ناھىيە بويىچە 68 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى (يېزا، كەنت شىپاخانىلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 382 سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 248 كارىۋات بار.

### خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1800 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 7495 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بازىرىدىكى يەككە ئەمگەكچىلەرنىڭ پاشانغانلار كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتنىشىش نىسبىتى %60كە، پاشانغانلار كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى سوممىسىنىڭ يىغىلىش نىسبىتى ۋە چىقىم قىلىنىش نىسبىتى %100كە يەتتى. ھەرخىل مال - مۈلۈك سۇغۇرتا سوممىسى 88 مىليون 670 مىڭ يۈەنگە، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 1 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 209 ئائىلىدىكى 1211 ئادەمنىڭ كىيىم پۈتۈن، قورساق توق بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى. 1999 - يىلى چەرچەن ناھىيىسى مەملىكەت بويىچە پاكىز ناھىيە بازىرى، ئاپتونوم رايون بويىچە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ناھىيە، ئاپتونوم رايون بويىچە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ناھىيە بەرپا قىلىش قاتارلىق پائالىيەتلەردە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى.

☆ چەرچەن ناھىيىسى تۇرا چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ شۇجىسى جالى شۇراڭ 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئاپتونوم رايون بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن 10 چاكارنىڭ بىرى بولۇپ باھالاندى.

ۋاڭ فاڭ

## يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى

### ئاساسىي ئەھۋالى

يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي

ئېتىكىدىكى تاغ ئارىسىدىكى ئويمانلىق — قاراشەھەر ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 423 كىلومېتىر، تۆمۈريول مۇساپىسى 543 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 3، يېزا 5، دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانى 2. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (رايون تەۋەسىدىكى نوپۇس سانى) 117 مىڭ 804 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 64 مىڭ 137)، يېزا نوپۇسى 79 مىڭ 6؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 12.88‰، ئۆلۈش نىسبىتى 3.73‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 9.14‰. ناھىيە بويىچە 16 مىڭ 800 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 7330 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئاق يەرگە ۋە ئېگىز ئورنىغا تېرىلغىنى)، 13 مىڭ 527 گېكتار يەرگە (ئاق يەرگە ۋە ئېگىز ئورنىغا تېرىلغىنى) ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

يەنجى ناھىيىسىنىڭ قىزىل مۇچىدىكى مۇچ پىگمېنتىنىڭ مىقدارى يۇقىرى (يېڭى ۋاقتىدا 0.7% ئەتراپىدا، قۇرۇتۇلغاندىكى مىقدارى 20% ئەتراپىدا) بولۇپ، ئېتى قىلمىن، يىرىك تالاسى ئاز، ئۆسۈش مەزگىلى قىسقا، مەھسۇلاتى يۇقىرى بولۇپ، شىنجاڭغا داڭلىق. 1999 - يىلى 99 ' كۇنمىڭ دۇنيا كۆرگەزمىسىدە كۈمۈش مېدالغا ئېرىشتى. ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن «يەنجى چۈچۈكبۇيىسى» دەپ نام بېرىلگەن ئىلا سۈپەتلىك قىزىل پوستلۇق ياۋا چۈچۈكبۇيا ناھىيە تەۋەسىگە كەڭ تارقالغان، كۆلىمى تەخمىنەن 4000 گېكتار كېلىدۇ. يەنجى قىزىلچىسىنىڭ بېشى يوغان، قەنت مىقدارى يۇقىرى (ئادەتتە 17% ئەتراپىدا، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 24% ئەتراپىدا). سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان پەمىدۇر قىزىل پىگمېنتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن مەملىكىتىمىزگە تونۇلغان. يەنجى ئويمانلىقىنىڭ نېفىت - تەبىئىي گاز زاپىسى كۆڭۈلدىكىدەك، نېفىتنىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان گېئولوگىيىلىك زاپىسى 42 مىليون 700 مىڭ توننا (ماي ئېكۈۋالېنتىغا سۇندۇرغاندا)، تەبىئىي گاز زاپىسى 7 مىليارد كۇب مېتىرغا يېتىدۇ، بۇ ناھىيىگە دۆلەت «گۆھەر نېفىتلىك» دەپ نام بەردى.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لى مىڭخۇي.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ما گولىن (خۇيزۇ).

ھاكىم: ما چاڭچىڭ (خۇيزۇ).

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئېزىز سايىت.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 331 مىليون 10 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 68653 | 10.2 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 22345 | 4.01 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 29764 | 15.26 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 16544 | 12.11 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 43595 | —21.3 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 24.07 | 13.4 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 28297 | 10.9 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (تۈمەن كىلوۋات) | | 7.3 | 25.8 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 17082 | 19.8 |
| بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 52455 | 25.5 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 3227 | 25 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 7621 | 23.3 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 375 مىليون 980 مىڭ يۈەن.

بويىچە 247 مىليون 10 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن %6 .26 ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) . 43 مىڭ 595 تونna ئاشلىق، 4992 توننا ياغلىق دان، 155 توننا پاختا، 177 مىڭ 288 توننا قىزىلچا ئېلىندى. 503 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. 4963 توننا گۆش، 4238 توننا سۈت، 663 توننا يۇڭ، 55 مىڭ 468 پارچە تېرە ئېلىندى. ئېتىز ـ ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 37 مىليون 850 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 196.7 كىلومېتىر ھەر دەرىجىلىك سۇغىرىش ئېرىقى، 279.8 كىلومېتىر زەيكەش چېپىلدى ۋە كېڭەيتىلدى، 453 يۈرۈشلەشكەن ئىنشائات ياسالدى. 466.7 گېكتار يۇقىرى ئۆلچەملىك سۇ تېجەپ سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى. 2400 گېكتار يەرنىڭ سۇغىرىش شارائىتى ياخشىلاندى، ناھىيە ئېتىز ـ ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشى بويىچە باينغولىن ئوبلاستىدا ئۆتكۈزۈلگەن «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇسابىقىسىدە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. يېزا، بازار كارخانىلىرىنىڭ كىرىمى 300 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 181 مىليون 750 مىڭ يۈەن (ناھىيىگە تەۋەسى 1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 182 مىليون 20 مىڭ يۈەن) بولۇپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن %8 .6 تۆۋەنلەپ كەتتى؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 20 مىليون 250 مىڭ يۈەن (ناھىيىگە تەۋەسى) . 32 مىڭ 663 توننا شېكەر، 2043 توننا ئىسپىرت، 5806 توننا دانىچە ئارزاڭ، 812 توننا گلۇتامىن كىسلاتاسى، 230 توننا سۈت پاراشوكى، 30 مىڭ توننا سېمونت، 124 توننا دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۇلياۋ يوپۇق، 182 توننا خالتا، 2925 توننا پەمىدۇر قىيامى ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە مۇقىم مۈلۈككە 251 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە شىكشىن 10 مىڭ موللۇق ئۈزۈم بازىسىنىڭ 1 ـ قارارلىق قۇرۇلۇشىغا 14 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 333.3 گېكتار يەرگە ئۈزۈم تىكىلدى؛ مەملىكەتلىك يۇقىرى تېخنىكىلىق ئۈلگىلىك باغۋەنچىلىك رايونى تۈرىگە 8 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ ئىنچىكە ترىلېن قۇرۇلۇشىغا 10 مىليون يۈەن؛ ناھىيە بازىرى ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 168 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 2400 مېتىر كېلىدىغان ھۆكۈمەت يولى قاتارلىق 7 كوچىنى قاتتىقلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى، 1200 مېتىر كېلىدىغان يۈگشىن كوچىسىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى تاماملاندى. 99' ئۈرۈمچى سودا يەرمەنكىسىدە ئىچكى جەھەتتە بىرلىشىش تۈرىدىن 8ى ئىمزالاندى، بۇنىڭ سوممىسى 306 مىليون يۈەن؛ تاشقى سودا بويىچە 5 پارچە كېلىشىم ھاسىل قىلىندى، سوممىسى 42 مىليون 960 مىڭ يۈەن. توشۇلغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 99 مىليون 750 مىڭ ئادەم ـ كىلومېتىرغا، پوچتا ـ تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 18 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى پروگراممىلىق تېلېفون 24 مىڭ 960 تۇچكىغا، بازار سودىسىدا پۈتۈشۈلگەن سوما 49 مىليون 610 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن ـ تېخنىكا خادىمى 660. ناھىيىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 12 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 3) ، ئوقۇغۇچىسى 6979 (مىللىي 4880) ؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 57 (مىللىي 26) ؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 46، ئوقۇغۇچىسى 12 مىڭ 331 (مىللىي 8924) ؛ باللار باغچىسى 3، باغچىدىكى بالا 824 (مىللىي 421) . ھەرخىل مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 1615 (مىللىي 1033) . ناھىيىنىڭ «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتى ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100كە، تارقىتىلغان تېلېۋىزىيە ئۇچۇرلىرىنىڭ قاپلاش كۆلىمى %100كە يەتتى. 10 تېببىي داۋالاش ـ سەھىيە ئاپپاراتى (دوختۇرخانا بىر، شىپاخانا 7، يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى 3) ، 258 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 140 كارىۋات بار. ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ قارىغا ئېتىش مۇسابىقىسىدە بىر 2 ـ لىك، بىر 3 ـ لىك قولغا كەلتۈرۈلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مېيىپلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە مىن شۇاڭ ئاياللارنىڭ تىكتاك توپ تۈرى بويىچە يەككە ئويناشتا 1 ـ بولدى. ناھىيە كوماندىسى ئاپتونوم ئوبلاست بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە 6 تۈردە 1 ـ، 7 تۈردە 2 ـ، 8 تۈردە 3 ـ بولدى.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 ـ يىلى ناھىيە بازىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئىلكىدىكى كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىمى 5038 يۈەنگە، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2656 يۈەنگە، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 7344 يۈەنگە يەتتى. مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 4 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە، جىسمانىي سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 12 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە 2 مىليون 290 مىڭ يۈەن، جىسمانىي سۇغۇرتا بويىچە 5 مىليون 430 مىڭ يۈەن تۆلەم

تۆلەندى ۋە پۇل بېرىلدى.

☆ 1999 - يىلى يەنجى ناھىيىسىگە پەنە يىرقېتىم خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە كەنت ئاھالىلىرى ئۆز - ئۆزىنى ئىدارە قىلىشتا ئۈلگە ناھىيە» دەپ نام بېرىلدى.

☆ يەنجى شىكەر زاۋۇتى بىلەن كەيزى گۆرۈھى مەبلەغ سېلىپ قۇرغان يەنجى پەمىدۇر پاسالىلىرى چەكلىك شىركىتى 8 - ئايدا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

☆ 11 - ئايدا يۇڭنىڭ بېزىسى يۇڭنىڭ بازىرىغا ئۆزگەرتىلدى.

لى چېنخۇي

# ئاقسۇ ۋىلايىتى

## ئاساسىي ئەھۋالى

ئاقسۇ ۋىلايىتى ئاپتونوم رايوننىڭ غەربىي قىسمىغا، تەڭرىتاغ تىزمىسى ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. مەمۇرىي مەھكىمە جايلاشقان جاي ئاقسۇ شەھىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە تاشيول مۇساپىسى 995 كىلومېتىر. تۆمۈريول مۇساپىسى 1126 كىلومېتىر. 1999 - يىلى ۋىلايەتكە قاراشلىق شەھەر بىر، ناھىيە 8. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۇەن بېزا ئىگىلىك 1 - شىسىنىڭ ۋىلايەت تەۋەسىدىكى نوپۇسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 2 مىليون 13 مىڭ 500 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 1 مىليون 527 مىڭ 600) ، يېزا نوپۇسى 1 مىليون 190 مىڭ 800؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰13.72، ئۆلۈش نىسبىتى ‰5.38، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰8.35. 8. يىل ئاخىرىدىكى ئەمەلىي تېرىلغۇ يېرى 352 مىڭ 600 گېكتار بولۇپ (يېزا ئىگىلىك 1 - شىسىنىڭ تېرىلغۇ يېرى بۇنىڭ سىرتىدا) ، 176 مىڭ 500 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 42 مىڭ 900 گېكتار) تېرىلدى. كىلىماتى ئىسسىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ئاقسۇ ۋىلايىتىدە كۆلىمى 4098 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان 1293 مۇزلۇق بار. ئۇنىڭ سۇ زاپىسى تەخمىنەن 215 مىليارد 400 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. بۇ سۇ چوڭ - كىچىك 16 دەريا - ئېقىنغا قۇيۇلىدۇ. ئاقسۇ، ئۆگەن، تارىم ۋە تېرەن، كۇچا دەرياسى قاتارلىق ئاساسلىق دەريا - ئېقىنلار بار. ۋىلايەت تەۋەسىدىكى كۆل كۆلىمى 6815 گېكتارغا يېتىدۇ. يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارى 12 مىليارد 900 مىليون كۇب مېتىرغا، تۈزلەڭلىك رايونلارنىڭ يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئۇنىۋېرسال تولۇقلىنىش مىقدارى 7 مىليارد 281 مىليون كۇب مېتىرغا، ئېچىشقا بولىدىغان سۇ مىقدارى 5 مىليارد 121 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 3 مىليون 539 مىڭ 100 گېكتار تەبىئىي ئوتلاق بولۇپ، 3 مىليون 335 مىڭ 400 گېكتار ئوتلاقتىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ. 581 مىڭ 900 گېكتار ئورمان بار. ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %4.4. ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر 100 خىلدىن ئاشىدۇ. ئاساسلىقلىرىدىن چاكاندا، پەربۇن، ئاق چوغلۇق، قانتېپەر، كىرمىش، پىچەكگۈل، ئالقات، چۈچۈكبۇيا، كەتىرا، لوپنۇر كەندىرى، سوفىگۈل، زاراڭزا، قار لەيلىسى قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلار 300 خىلدىن ئاشىدۇ. قىممەتلىك ياۋايى ھايۋانلاردىن قوڭغۇر ئېيىق، يىلپىز، بۇغا، ئاق تۇرنا، قارا تۇرنا، ئاق توقام بۈركۈت، ئاق قۇ، ئۇلار قاتارلىقلار بار. تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىق 55 خىل بولۇپ، ھازىر قېزىپ پايدىلىنىلىۋاتقانلىرىدىن تۆمۈر، مانگان، مىس، فوسفور، كۆمۈر، نېفىت، تەبىئىي گاز، تۇز، گرانىت تاش، مەرمەر قاتارلىقلار بار. 80 نەچچە مەنزىرىلىك ساياھەت نۇقتىسى بار. ئونسۇ ناھىيىسىدىكى تۆمۈر چوققىسى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى ھېسابلىنىدۇ.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 13 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: خۇ چاڭئەن؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: مەمتىمىن ياسىن، شېن چيۈيۈ، جى شيۇڭئەن، ئۆمەرجان مىرزەخمەت (4 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى) ، ۋۇ ياۋشىن (7 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى) . لۇ جياچۈەن (11 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى) .

ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: تۇنىياز مەمەت؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ۋاڭ جىنشەن (3 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى) ، جاڭ لياڭجيې.

مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى: مەمتىمىن ياسىن؛ مۇئاۋىن ۋالىيلار: لۇ جياچۈەن (11 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى) ، گاۋ ليېچىن (11 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى) . لى پىڭ (11 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى) ، جاڭ جۇنچىڭ، ئۆمەرجان مىرزەخمەن (3 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى) ، دىلبەر رىشىت، ۋاڭ شىپىڭ (7 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى) . ئابلىز ئابدۇرېھىم (11 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى) ، لۇ فاجىڭ (11 - ئايدا

ۋەزىيەتكە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابلا ئاپپاق؛ مۇئاۋىن مۇدىرى: تيەن شىچېڭ.

## يېزا ئىگىلىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 ـ يىلى ۋىلايەت بويىچە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليارد 626 مىليون يۈەن بولۇپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن 6.6% (ئۆزگەرمەس بويىچە، تۈزىتىلمىگەن شۇنداق) تۆۋەنلەپ كەتتى. دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق كەسىپلىرىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 495 مىليون يۈەن بولدى. 1 مىليون 50 مىڭ 656 توننا ئاشلىق، 32 مىڭ 537 توننا ياغلىق دان، 200 مىڭ 66 توننا پاختا، 103 مىڭ 585 توننا قىزىلچا، 235 مىڭ 832 توننا كۆكتات، 119 مىڭ 652 توننا قوغۇن ـ تاۋۇز، 171 مىڭ 103 توننا مېۋە ـ چېۋە ئېلىندى. 6330 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. 66 مىڭ 584 توننا گۆش، 17 مىڭ 398 توننا سۈت، 4425 توننا قوي يۇڭى، 475 توننا چۇپۇر، 141 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 78 مىڭ 487 پارچە كالا تېرىسى، 1 مىليون 104 مىڭ 481 پارچە قوي تېرىسى، 10 مىڭ 96 توننا تۇخۇم، 1. 172 توننا پىلە غوزىسى، 3605 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، بېلىقچىلىق، سۇچىلىق كەسىپلىرىگە 253 مىليون 370 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 15 مىڭ 100 گېكتار بوزيەر ئېچىلدى. 90 مىڭ 294 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت (ساپ)، 12 مىڭ 759 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 5. 646 توننا دېھقانچىلىق دورىسى، 82 مىليون 56 مىڭ 900 كىلوۋات سائەت توك ئىشلىتىلدى.

سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 270 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن %84 .5 ئاشتى؛ سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 688 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %75 .2 ئاشتى. يېزا ۋە يېزىدىن يۇقىرى سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 920 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %22 .4 ئاشتى. سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 586 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %72 .1 ئاشتى. ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ 1 مىليارد 13 مىليون يۈەن، كوللېكتىپ ئىگىلىكنىڭ 546 مىليون يۈەن، پاي ھەمكارلىق ئىگىلىكى، بىرلەشمە ئىگىلىك ۋە باشقا ئىگىلىكنىڭ 361 مىليون يۈەن؛ ئېغىر سانائەتنىڭ 926 مىليون يۈەن، يېنىك سانائەتنىڭ 993 مىليون يۈەن بولدى، ۋىلايەتتىكى 4 ئوتتۇرا كارخانىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 179 مىليون يۈەن بولدى. 714 مىليون 861 مىڭ 100 كىلوۋات سائەت توك، 2 مىليون

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | جەمئىي | 1998 ـ يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 64.9 | 3.09 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 27.3 | —10.38 |
| 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 14.4 | 4.85 |
| 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 23.2 | 25.41 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | 1050656 | 5.2 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | 456.74 | 3.93 |
| يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 13.1 | 6.59 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (تۈمەن كىلوۋات) | 76.74 | 5.95 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | 167134.3 | 10.97 |
| شەھەر ـ يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (100 مىليون يۈەن) | 66.83 | 5.34 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (100 مىليون يۈەن) | 3.27 | 6.2 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (100 مىليون يۈەن) | 8.45 | 7.18 |

220 مىڭ 500 توننا كۆمۈر، 40 مىڭ توننا كوكس، 12 مىڭ 300 توننا شېكەر (ئىشلەپچىقىرىش مەزگىلىدە)، 40 مىڭ 500 توننا سىز يېغى، 239 مىڭ 100 توننا بۇغداي ئۇنى، 10 مىڭ 400 توننا ئارىلاشما يەم - خەشەك، 20 مىڭ 600 توننا ئىچىملىك - هاراق، 9 توننا مەشۇت، 1 مىليون 928 مىڭ 300 توننا پاختا رەخت، 15 مىڭ توننا پاختا يىپ، 230 مىڭ 600 توننا ساپ پاختا، 452 مىڭ 600 توننا سېمونت، 689 مىليون دانە خىش، 13 مىڭ 700 توننا سۇلياۋ ياسالمىلىرى (يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان سۇلياۋ يوپۇق 9900 توننا) ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق كەسپىدە ساپاسى 4 - دەرىجىدىن يۇقىرى بولغان، مۇستەقىل هېسابات قىلىدىغان بىناكارلىق كارخانىلىرى ئورۇندىغان مەھسۇلات قىممىتى 450 مىليون 710 مىڭ يۈەن، قوشۇلما قىممىتى 119 مىليون 100 مىڭ يۈەن بولدى. تۇراقلىق مۈلۈككە 1 مىليارد 211 مىليون 700 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. سېلىنغان مەبلەغ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىگە سېلىنغىنى 1 مىليارد 76 مىليون 850 مىڭ يۈەن بولدى. ساھەلەر قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق ئىشلىرىغا سېلىنغان مەبلەغ 146 مىليون 160 مىڭ يۈەن، سانائەتكە سېلىنغان مەبلەغ 232 مىليون 670 مىڭ يۈەن، قاتناش - ترانسپورت، پوچتا - تېلېگراف، ئالاقە كەسىپلىرىگە سېلىنغان مەبلەغ 383 مىليون 730 مىڭ يۈەن. شەھەر مۇئەسسەسەلىرىگە ۋە ئەرزان ئەپلىك ئۆيلەرگە سېلىنغان مەبلەغ 139 مىليون 840 مىڭ يۈەن بولدى. ۋىلايەت بويىچە 314 تۈرلۈك قۇرۇلۇش قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن باشلانغان تۈر 225. پۈتكۈزۈلگەن قۇرۇلۇشلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈش نىسبىتى %70كە يەتتى. يېڭىدىن ئاشۇرۇلغان ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىدىن: يىلىغا 50 مىڭ توننا كۆمۈر قېزىش، 100 مىڭ 100 توننا سېمونت ئىشلەپچىقىرىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، 121.6 كىلومېتىر تاشيول ئۆزگەرتىلدى ۋە ياسالدى، 50 مىڭ توننىلىق ئاشلىق ئامبىرى ياسالدى. شەھەر يولى 3 مىليون 760 مىڭ كۋادرات مېتىر كېڭەيتىلدى. ۋىلايەت بويىچە تاشيولدا توشۇلغان يولۇچى 5 مىليون 460 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 1 مىليارد 20 مىليون 920 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا؛ توشۇلغان يۈك 2 مىليون 580 مىڭ توننىغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 840 مىليون 410 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، تۆمۈريولدا توشۇلغان يولۇچى 975 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 847 مىليون 500 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، توشۇلغان يۈك 3 مىليون 24 مىڭ توننىغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 3 مىليارد 24 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا كەسپىي مىقدارى 21 مىليون 734 مىڭ يۈەن، تېلېگراف كەسپىي مىقدارى 124 مىليون يۈەن ئورۇندالدى. يېڭىدىن 131 كىلومېتىر ئوپتىك كابېل ئىشقا سېلىندى. ۋىلايەت بويىچە كوممۇتاتور سىغىمى 177 مىڭ توچكىغا، تېلېفون ئابونېنتى 109 مىڭ 850 (يېزا تېلېفون ئابونېنتى 35 مىڭ 714) كە، سىمسىز چاقىرغۇ ئابونېنتى 36 مىڭ 527 گە، يانتېلېفون ئابونېنتى 12 مىڭ 784كە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە 125 بازارنىڭ يىللىق سودىدا يۈزتۇتۇش سوممىسى 904 مىليون 100 مىڭ يۈەن بولدى. ۋىلايەت بويىچە سىرتتىن كىرگۈزۈش، ئىچكى جەھەتتە بىرلىشىش بويىچە ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرىدە 151 مىليون 530 مىڭ يۈەنلىك توختام تۈزۈلدى. تاشقى سودا ئېكسپورت سوممىسى 108 مىڭ 200 دوللار بولدى. 338 مىڭ جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 21 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

1999 - يىلدىكى ۋىلايەت بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 5105 (ئالىي دەرىجىلىكى 387). پەن تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئاپپاراتى 4، 2 پەن تەتقىقات تۈرى ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا، 30 تۈر ۋىلايەتنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ۋىلايەت بويىچە ھەر دەرىجىلىك ھەرخىل مەكتەپ 1207، ئوقۇغۇچىسى 439 مىڭ 204، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 23 مىڭ 276 (مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 20 مىڭ 357). بۇنىڭ ئىچىدە باشلانغۇچ مەكتەپ 1035 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 937)، ئوقۇغۇچىسى 299 مىڭ 794 (مىللىي 265 مىڭ 475)، ئوقۇتقۇچى 13 مىڭ 491 (مىللىي 11 مىڭ 808)؛ چوڭلار ئالىي مەكتىپى 2، ئوقۇغۇچىسى 754 (مىللىي 559)، ئوقۇتقۇچى 109 (مىللىي 86)؛ بالىلار باغچىسى 20، باغچىدىكى بالا 5779 (مىللىي 2075)، ئوقۇتقۇچىسى 285 (مىللىي 124). ۋىلايەت بويىچە 120 يېزا، بازار، مەيداندىن 89 يېزا، بازار، مەيداننىڭ «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتى ئۆلچەمگە يېتىپ، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا لاياقەتلىك بولدى. باشلانغۇچ مەكتەپ ئۆيى قۇرۇلۇشىغا 71 مىليون 450 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 145 مىڭ 408 كۋادرات مېتىر مەكتەپ ئۆيى سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆيى 36 مىڭ 37 كۋادرات مېتىر. ۋىلايەت بويىچە 10 سەنئەت ئۆمىكى، 10 سەنئەت سارىيى، مەدەنىيەت يۇرتى، 8 ئاممىۋى كۇتۇپخانا،

2 مۇزېي، 5 مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى بار. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى (بىكىتۇەن 1 - شىسىۇ شۇنىڭ ئىچىدە) %91كە، تېلېۋىزىيىنىڭ %86.5كە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە 309 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى (دوختۇرخانا 100)، 4740 كارىۋات، 5556 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (دوختۇر 2246) بار. 1999 - يىلى ۋىلايەت تەنھەرىكەتچىلىرى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا قاتنىشىپ 22.5 ئالتۇن مېدال، 7 كۈمۈش مېدال، 8 مىس مېدال ئالدى. 5 كىشى 3 تۈردە ئاپتونوم رايوننىڭ رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى. 92 قېتىم ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 32 مىڭ 147 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى. 216 قېتىم يېزا دەرىجىلىك مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 59 مىڭ 63 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ۋىلايەت بويىچە ئىدارە - ئورۇنلاردىكى كەسپكارلار 133 مىڭ 500 گە، ئۇلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 6626 يۈەنگە، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1250 يۈەنگە يەتتى، يىللىق سودا سومما سومما 8 مىليارد 850 مىليون يۈەنگە، بۇنىڭ ئىچىدە تۇرلۇك مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ سۇغۇرتىلاش سوممىسى 3 مىليارد 380 مىليون يۈەنگە، ئۆمۈر سۇغۇرتىسىنىڭ سۇغۇرتىلاش سوممىسى 5 مىليارد 470 مىليون يۈەنگە، ئۆمۈر سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئادەم 97 مىڭغا، ياشانغانلار كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئادەم 40 مىڭ 470 كە (دۆلەت ئورۇنلىرىدىن قاتناشقىنى 35 مىڭ 842 كىشى، كوللېكتىپ ئورۇنلاردىن قاتناشقىنى 3875 كىشى، باشقىلار 753 كىشى)، ئەمەلىي تاپشۇرۇلغان سۇغۇرتا سوممىسى 46 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1326 ئورۇن ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى، 71 مىڭ 700 ئادەم فوند تاپشۇردى. تاپشۇرۇلغان سومما 6 مىليون 395 مىڭ 700 يۈەنگە يەتتى. ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش كاپالەت خىراجىتى ئۈچۈن 5 مىليون 352 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىندى. مۇھىت بۇلغىنىشىنى چەكلەش مۇددەتتە تۈزەش تۈرىدىن 33ى تاماملاندى، ئۇنىڭغا 3 مىليون 975 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، ئۇنىڭدىن 746 مىڭ يۈەن ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىلدى. 27 كۋادرات كىلومېتىر ئىس - تۈتەك تىزگىنلەنگەن رايون بەرپا قىلىندى. شەھەرلەرنىڭ كۆكەرتىش كۆلىمى 2.290 گېكتارغا، يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %19.4كە، هويلا - ئارامىلاردا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كۆكەرتىلگەن كۆلەم 7.5 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى

# ئاقسۇ شەھىرى

## ئاساسىي ئەھۋالى

ئاقسۇ شەھىرى ئاپتونوم رايوننىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىغا، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تۆمۈريول مۇساپىسى 1126 كىلومېتىر، تاشيول مۇساپىسى 1010 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 5، مەيدان بىر، مەھەللە ئىش باشقارمىسى 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇسى 516 مىڭ 800 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 211 مىڭ 100)، يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 295 مىڭ 900؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰9.62، ئۆلۈش نىسبىتى ‰3.58، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰6.04. شەھەر بويىچە 37 مىڭ گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 19 مىڭ 500 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (10 مىڭ 300 گېكتار ئېگىز تېرىلغۇسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 28 مىڭ 500 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (كېۋەز 23 مىڭ گېكتار) تېرىلدى، كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ئۇزۇن تالالىق پاختا مەھسۇلاتى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئاقسۇنىڭ قەغەز ياڭاقنى مەملىكەت بويىچە 19 ئۆلكە، شەھەر ئۆستۈرۈشكە باشلىدى، ئەلا سۈپەتلىك ئالما، نەشپۈت ئاپتونوم رايون بويىچە بازار تاپتى. شەھەر تەۋەسىدە 10 مەنزىرە نۇقتىسى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئاقسۇ شەھەرلىك 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: گاۋ لىيچىڭ (12 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، يۈ شيۇچياڭ (12 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ياللقۇن ھەلىمىدىن.

شەھەر باشلىقى: ئابلىز ئابدۇرېھىم (12 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ئەكبەر غوپۇر (12 - ئايدا مۇۋەققەت شەھەر باشلىقى بولدى).

سىياسىي كېڭەش 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: دېي زوڭكې.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 710 مىليون 510 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 440 مىليون 320 مىڭ يۈەن) بولۇپ، 1998 -

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 ـ يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 72642 | —7.92 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 26938 | —29.2 |
| | 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 16282 | 13.9 |
| | 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 29422 | 15.8 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 110482 | 1.66 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 43.35 | 0.72 |
| يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 27523 | —1.86 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 107069 | 1.53 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 40372 | 3.17 |
| شەھەر ـ يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 668298 | 5.3 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 13552 | 4.87 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 13060 | 3.27 |

**ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 417 مىليون 650 مىڭ يۈەن.**

يىلدىكىدىن %11.53 تۆۋەنلەپ كەتتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 110 مىڭ 482 توننا ئاشلىق، 30 مىڭ 119 توننا پاختا، 1409 توننا ياغلىق دان، 7880 توننا قىزىلچا، 131 مىڭ 86 توننا كۆكتات، 25 مىڭ 784 توننا قوغۇن ـ تاۋۇز، 20 مىڭ 445 توننا مېۋە ـ چېۋە ئېلىندى. 504 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، پارچە ـ پۇرات يەرلەرگە 236 مىڭ 800 تۈپ كۆچەت تىكىلدى. 5507 كۇب مېتىر ياغاچ كېسىلدى. 305 كىلومېتىر ئورمان بەلۋېغى بەرپا قىلىندى. ياڭاق مەھسۇلات مىقدارى 297 توننىغا يەتتى. 13 مىڭ 257 توننا گۆش، 1540 توننا سۈت، 375 توننا قوي يۇڭى، 2247 توننا تۇخۇم ئېلىندى، 713 توننا بېلىق تۇتۇلدى. 42.45 توننا پىلە غوزىسى ئېلىندى. شەھەر بويىچە 31 مىڭ 629 توننا خىمىيۋى ئوغۇت، 2008 توننا سۇلياۋ يوپۇق ئىشلىتىلدى. 1999 ـ يىلى 63 كىلومېتىر سۇغىرىش ـ سۇ چىقىرىۋېتىش ئېرىقى ـ ئۆستەڭگە رېمونت قىلىندى، 86.1 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسالدى، 428 يۇرۇشلەشكەن سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى ياسالدى، 1730 گېكتار سۇغىرىش كۆلىمى كېڭەيتىلدى. 2347 گېكتار ئوتتۇرا، تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز ئۆزگەرتىلدى، يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ كىرىمى 273 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 503 مىليون 670 مىڭ يۈەن (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 371 مىليون 820 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن %12.2 ئاشتى. سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 25 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %5.4 ئاشتى. 20 مىليون 161 مىڭ 100 كىلوۋات سائەت توك، 4854 توننا مۇز يېغى، 40 مىڭ 400 توننا ئۇن، 1292 توننا ئارىلاشما يەم ـ خەشەك، 44 مىڭ 445 توننا ساپ پاختا، 5699 توننا پاختا يىپ، 133 مىليون 50 مىڭ دانە خىش، 255 مىڭ 600 توننا سېمونت، 6460 توننا سۇلياۋ ياسالمىسى، 141 مىڭ 300 كۋادرات مېتىر تالالىق گەج تاختا، 16 مىليون 754 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى، 842 مىڭ بوتۇلكا ئوكۇل سۇيۇقلۇقى ئىشلەپچىقىرىلدى. شۇ يىلى تۇراقلىق مۈلۈككە 235 مىليون 350 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 12 مىليون 640 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، كىچىك ئولتۇراق رايون تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىنىڭ 21 مىڭ



ئاقسۇ شەھىرى مېھمان كۈتۈش يولى

سۈرەتتى تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى تەمىنلىگەن.

800 كۋادرات مېتىرلىق 219 يۈرۈش ئۆيلۈك 2- قارارلىق قۇرۇلۇشى تاماملاندى. شەھەرلىك دولان سېمونت چەكلىك شىركىتى 10 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، سېمونت ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىنى قۇردى، بۇ لىنىيە يىلىغا 150 مىڭ توننا سېمونت ئىشلەپچىقىرىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىگە قالدۇق ئىسسىقلىقتىن توك چىقىرىش ئىستانسىسى يۈرۈشلەشتۈرۈلدى. ئۇنىڭ گېنېراتور سىغىمچانلىقى 3000 × 2 كىلوۋات كېلىدۇ. شەھەرلىك مالىيەدىن 13 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، مەركەزلەشتۈرۈپ بېتون تەييارلاش پونكىتى قۇرۇلدى، بۇ پونكىتنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى 100 مىڭ كۇب مېتىر، شەھەر بويىچە يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 10 مىليون 350 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، تىجارەت قىلىۋاتقان گۇۋاھنامىلىق كىرا ئاپتوموبىلى 1420 گە، ئاممىۋى قاتناش تىجارىتى لىنىيىسى 13كە، پوچتا - تېلېگراف كەسپىي مىقدارى 83 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە، شەھەر تېلېفونىنىڭ سىغىمچانلىقى 74 مىڭ توچكىغا، تېلېفون سانى 47 مىڭ 61 گە، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ سېتىلىش سوممىسى 57 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 44 بازار بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ يىللىق پۈتۈشۈش سوممىسى 76 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شەھەر - يېزىلاردىكى يەككە سودا - سانائەتچى 15 مىڭ 802 ئائىلىگە، كەسپكارى 27 مىڭ 256 كىشىگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

شەھەر بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 833 (بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇتقۇچى 515)، دېھقان ئاگرونوم 18، ياردەمچى ئاگرونوم 89، تېخنىك 251، ياردەمچى تېخنىك 117. شەھەر بويىچە پەن - تېخنىكا ئارقىلىق شەھەرنى گۈللەندۈرۈش تۈرىدىن 47 سى يولغا قويۇلدى. بۇنىڭغا 4 مىليون 700 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شەھەرلىك سېمونت زاۋۇتى ئۆرە خۇمداندا سېمونت ئىشلەپچىقىرىشتا ئىس - تۈتەك، چاڭ - توزاننى يوقىتىش تېخنىكىسىنى قوللىنىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 4 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

شەھەردىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 9 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 8)، ئوقۇغۇچىسى 13 مىڭ 881 (مىللىي 11 مىڭ 916)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 106 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 97)، ئوقۇغۇچىسى 39 مىڭ 958 (مىللىي 32 مىڭ 810). ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 2174 (مىللىي 1796). شەھەر بويىچە مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 13 مىليون 229 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. %98 مەمۇرىي كەنتتە مەدەنىيەت ئۆيى قۇرۇلدى، مەدەنىيەتنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش پائالىيىتىدە 14 مەيدان ئويۇن قويۇلدى، تاماشىبىن 10 مىڭ ئادەم (قېتىم) دىن ئاشتى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %92كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %96كە، دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ تېلېۋىزورغا ئىگە بولۇش نىسبىتى %70كە يەتتى. شەھەر بويىچە 12 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 616 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 314)، 500 كارىۋات بار. يىل ئاخىرىغىچە 15 قېتىم تۈرلۈك تەنتەربىيە پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. شەھەر تەنھەرىكەتچىلىرى ۋىلايەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا قاتنىشىپ 6 يەككە تۈردە چېمپىيون بولدى، چېلىشىش كوماندىسى كوللېكتىپ 1 - لىككە ئېرىشتى. 9 - ئايدا ئاقسۇ شەھىرى يەنە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي شەھەر بولۇپ باھالاندى.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى شەھەر بويىچە ئىشچى - خىزمەتچى 12 مىڭ

293. كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق مائاشى 7058 يۈەن. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1350 يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ يىلى تۇرلۇك سۇغۇرتا كەسىپلىرىنىڭ سۇغۇرتىلاش سوممىسى 73 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 11 مىليون 580 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى. شەھەر، يېزا، كەنتتىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك ئورۇن جەمئىي 1 مىليون 145 مىڭ يۈەن نامراتلارنى يۆلەش پۇلى ئاجراتتى. بۇنىڭ ئىچىدە نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى 140 مىڭ يۈەن. ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى پۇلى 112 مىڭ يۈەن. ئازايتىلغان ۋە كەچۈرۈم قىلىنغان يېزا ئىگىلىك بېجى 364 مىڭ يۈەن، ئازايتىلغان، كەچۈرۈم قىلىنغان قەرز پۇل، ئوقۇش خىراجىتى قاتارلىق پۇل 96 مىڭ يۈەن، تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشى ۋە تۇرمۇش ياردەم پۇلى 433 مىڭ يۈەن. 538 ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش نىسبىتى 94.4%كە يەتتى. يۈندىنى بىر تەرەپ قىلىش نىسبىتى 56.5%كە، مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش نىسبىتى 29.1%كە، شەھەرنى گاز بىلەن تەمىنلەش نىسبىتى 71.3%كە، تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش نىسبىتى 44.33%كە، شەھەر رايونىنىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 31.12%كە يەتتى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئاقسۇ شەھىرىگە «ئاپتونوم رايون بويىچە باغۋارانلاشقان شەھەر» دېگەن نامنى، قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى «مەملىكەت بويىچە باغۋارانلاشتۇرۇش - كۆكەرتىشتىكى ئىلغار شەھەر» دېگەن نامنى بەردى.

☆ ئاقسۇ شەھەرلىك تۆمۈر چوققا پاختا توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى دۆلەتلىك بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتىكى «ئۈچتىن خالىي» ئىلغار كارخانا دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى.

☆ شەھەر باشلىقى مەخسۇس تېلېفونى 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى رەسمىي ئىشقا كىرىشتى.

☆ 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى جەنۇبىي شەھەر مەھەللە ئىش باشقارمىسى قۇرۇلدى.

يالڭ جىپىڭ

# ئونسۇ ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

ئونسۇ ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىدىكى تۆمۈر چوققىسىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1019 كىلومېتىر. 1999 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 9، دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانى 5، دۆلەت چارۋىچىلىق فېرمىسى 5، دۆلەت ئورمانچىلىق مەيدانى 2. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇسى (بىڭتۇەن 5 - تۇەن - مەيدان، 6 - تۇەن - مەيدان، تەجرىبە ئورمانچىلىق مەيدانى بۇنىڭ سىرتىدا) 172 مىڭ 44 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 154 مىڭ 447)، يېزا نوپۇسى 135 مىڭ 75؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 12.56‰، ئۆلۈش نىسبىتى 6.76‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 5.8‰. ناھىيە بويىچە 44 مىڭ 160 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 19 مىڭ 600 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئاق يەرگە ۋە ئېگىزغا)، 22 مىڭ 300 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئاق يەرگە ۋە ئېگىزغا) تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بولۇشقا قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

ئونسۇ ناھىيىسى ئاپتونوم رايوننىڭ تاۋار ئاشلىق بازىلىرىنىڭ بىرى. ناھىيىنىڭ شالچىلىق مەيدانى مەملىكەت بويىچە «يېشىل يېمەكلىك» (سورتلۇق گۈرۈچ) بازىلىرىنىڭ بىرى، جۇڭگو ئالاھىدە مەھسۇلاتلار ماكانىنى كۆرسىتىش ۋە تەشۋىق قىلىش پائالىيىتى تەشكىلات ھەيئىتى ئونسۇ ناھىيىسىگە «جۇڭگو ئونسۇ گۈرۈچ ماكانى» دەپ نام بەردى. ئونسۇ ناھىيىلىك شال ئۇرۇقچىلىق مەيدانىنىڭ «قارا مەرۋايىت» گۈرۈچى، ئىپار گۈرۈچى ئاپتونوم رايوننىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا ناھايىتى بازار تاپقان. ناھىيە تەۋەسىدە سۇ بايلىقى مول، شىمالىي قىسمىدىكى تاغلىق رايوندا 197 قار - مۇزلۇق بولۇپ، سۇ زاپىسى 158 مىليارد 202 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ؛ 43 چوڭ - كىچىك دەريا - ئېقىنى بار. تەبىئىي سۇ بايلىقى 9 مىليارد 640 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 1 مىليارد 618 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. كۆمۈرنىڭ زاپىسى 1 مىليارد توننىدىن ئاشىدۇ، كۆمۈر قاتلىمى مۇقىم، قېزىش ئاسان، ناھىيە تەۋەسىدە 10 تۇز تاغ 30 كىلومېتىر يەرگىچە ئېگىز - پەس سوزۇلۇپ ياتىدۇ، ئوتتۇرىچە ناترىي خلورىد تەركىبى 90% تىن ئاشىدۇ، زاپىسى 40 مىليارد توننا بولۇپ، كەم ئۇچرايدىغان كان ياتىقى ھېسابلىنىدۇ. تەڭرىتاغ سىرلىق ئورمان باغچىسى ۋە تەڭرىتاغ ئورمان باغچىسىدىن ئىبارەت داڭلىق ساياھەت نۇقتىلىرى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئونسۇ ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: فۇ جىنكۈي.

9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: كەنجى ھاپىز.

ھاكىم: ئەكبەر غوپۇر.

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: تۇردى سادىق.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 535 مىليون 190 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 373 مىليون 820 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 0.81% (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) ئاشتى. 137 مىڭ 600 توننا ئاشلىق، 951 توننا ياغلىق دان، 25 مىڭ 8 توننا پاختا، 40 مىڭ 681 توننا قىزىلچا، 8 توننا قۇلماق ئېلىندى، 1140 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 540 توننا بېلىق تۇتۇلدى، 161 توننا چوشقا گۆشى، 870 توننا كالا گۆشى، 3864 توننا قوي گۆشى، 372 توننا ئات گۆشى، 620 توننا ئۆي قۇشلىرى گۆشى ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 75 مىليون 576 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. تېرەن دەرياسىنىڭ تومۇزىنى كېڭەيتىپ ياساش قۇرۇلۇشى، خوگشىڭ غول ئۆستىڭىگە سۇ باشلاش تومۇزىنى كېڭەيتىپ ياساش قۇرۇلۇشى، تېرەن دەرياسى باش، غول ئۆستەڭنىڭ كەلكۈن باشلاش نورىنى كېڭەيتىپ ياساش قۇرۇلۇشى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى دېھقانچىلىق مەيدانىغا سۇ باشلاش تومۇزىنى رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشى، كەلكۈندە بۇزۇۋېتىلگەن ئاققۇم تومۇزىنى رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشى، تېرەن دەرياسىنى ئۆزگەرتىپ ياساش ۋە كېڭەيتىپ ياساش قۇرۇلۇشى پۈتتى، سۇغىرىش رايونىدا چوڭ - كىچىك 232 كۆۋرۈك - سۇڭگۈچ ياسالدى. 1733.33 گېكتار بوزيەر ئېچىلدى، 1726.67 گېكتار سۇغىرىش كۆلىمى كۆپەيتىلدى، قاشالانغان ئوتلاق كۆلىمى 6693.33 گېكتارغا يەتتى، 893.33 گېكتار ئوتلاق يېڭىدىن قاشالاندى. ناھىيە بويىچە يېزا - بازار كارخانىسى 3997 گە، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ كىرىمى 131 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 295 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 232 مىليون 590 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 10% ئاشتى. سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 98 مىليون 700 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 64 مىليون 300 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 12.5% ئاشتى، 73 مىليون 220 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 257 مىڭ 700 توننا

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 57444 | 2.6 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 29096 | —2.2 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 14248 | 7.8 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 14100 | 10.2 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 137600 | 3.83 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 58.5 | 2.78 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 13401 | 9.84 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 114300 | 19.56 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 18800 | 8.05 |
| بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 40376 | 0.44 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 2308 | 5.68 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 7514 | 8.85 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 377 مىليون 880 مىڭ يۈەن.

كۆمۈر، 71 مىڭ 600 توننا سېمونت، 3025 توننا تۇز، 1038 توننا پىششىقلانغان تۇز، 159 توننا چۈچۈكبۇيا تالقىنى، 11 مىڭ 801 توننا پىۋا، 1629 توننا ئاق ھاراق، 9935 توننا گۈرۈچ، 6300 توننا ئۇن، 2853 توننا سۇ يېغى، 1867 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 4308 توننا بىرىكمە ئوغۇت، 2 مىليون 530 مىڭ كۋادرات مېتىر تاغار، 1346 توننا قەغەز يەشىك، 25 مىڭ 400 توننا ساپ پاختا، 132 مىليون 70 مىڭ دانە خىش، 16 مىڭ توننا تورۇبا سۈيى ئىشلەپچىقىرىلدى. شۇ يىلى چوڭ تۈزلەڭدىن 33 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان تېرەن دەرياسى غول ئۆستەڭنىڭ 25 كىلومېتىر قىسمىنى سۇ سىڭمەس قىلىش - كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى، 13 مىليون 780 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان مېھمان كۈتۈش يولىنى ئۆزگەرتىپ - كېڭەيتىپ ياساش قۇرۇلۇشى، 6 مىليون 550 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ئىشلەمچى غول ئۆستەڭنىڭ 35. 9 كىلومېتىر قىسمىنى سۇ سىڭمەس قىلىش - كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى قاتارلىقلار تاماملاندى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 103 مىليون 690 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. تاشقى سودا ۋە ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرىدىن، 17 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ئالىيۇمىن سۇلياۋ تورۇبا ماتېرىياللىرى تۈرى، 9 مىليون 935 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ناھىيە بازىرىغا گاز تورۇبىسى ياتقۇزۇش قۇرۇلۇشى، 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان مېۋە قىيامى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى، 2 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان گۇاڭخۇي تاش ماتېرىيال ئىشلەپچىقىرىش تۈرى تاماملاندى. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 457 مىليون 490 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 162 مىليون 130 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىي مىقدارى 5 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە، پروگراممىلىق تېلېفون 6028 تۇچكىغا يەتتى. بازار سودىسىدا پۈتۈشۈلگەن سومما 66 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە، ساياھەتچىلىك كىرىمى 160 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 568 (ئوقۇتقۇچى، مەسئۇل سىياسىي خادىممۇ شۇنىڭ ئىچىدە). بالىلار باغچىسى 6، باغچىدىكى بالا 830 (مىللىي 82). ئوقۇتقۇچىسى 46 (مىللىي 20)، باشلانغۇچ مەكتەپ 139 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 126)، ئوقۇغۇچىسى 32 مىڭ 591 (مىللىي 29 مىڭ 437)، ئوقۇتقۇچىسى 1431 (مىللىي 1306)، ئوتتۇرا مەكتەپ 18 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 13)، ئوقۇغۇچىسى 15 مىڭ 547 (مىللىي 13 مىڭ 396)، ئوقۇتقۇچىسى 599 (مىللىي 518)، كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر (مىللىي مەكتەپ)، ئوقۇغۇچىسى 45 (مىللىي)، ئوقۇتقۇچىسى 10 (مىللىي)، ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى بىر (مىللىي مەكتەپ)، ئوقۇغۇچىسى 493 (مىللىي)، ئوقۇتقۇچىسى 47 (مىللىي). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 12 مىليون 39 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %90كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %85كە يەتتى. ناھىيە بويىچە 43 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى (بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا 2، شىپاخانا 9)، 468 سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 319 كارىۋات بار. ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرىنىڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر گۇرۇپپىسى بويىچە يېنىك ئاتلېتىكا ۋە خەلقئارا چېلىشىش مۇسابىقىسىدە ناھىيە تەنھەرىكەتچىلىرى ھەر 2 تۈردە كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇردا 2 - بولدى، 6 تۈردە 1 - بولدى. 5 تۈردە 2 - بولدى. 14 قېتىم تۈرلۈك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 13 مىڭ 700 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى ناھىيە بازىرى ئاھالىسىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن تۇرمۇش خىراجەت كىرىمى 42. 842 يۈەنگە، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ساپ كىرىمى 1488 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق پۇل مائاشى 5788 يۈەنگە يەتتى. سوغۇرتا كەسپىنىڭ سوغۇرتىلاش سوممىسى 310 مىليون 210 مىڭ يۈەن (يېزا ئىگىلىكى سوغۇرتىسى بۇنىڭ سىرتىدا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)، مال - مۈلۈك سوغۇرتا كىرىمى 3 مىليون 140 مىڭ يۈەن بولدى، 1 مىليون 330 مىڭ يۈەن تۆلەم بېرىلدى، جىسمانىي سوغۇرتا كىرىمى 4 مىليون 350 مىڭ يۈەن بولدى، 1 مىليون 480 مىڭ يۈەن تۆلەم بېرىلدى. دۆلەت كارخانىلىرىدىن ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان 138 ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش كاپالىتى ئۈچۈن 333 مىڭ 200 يۈەن بېرىلدى، ناھىيە بازىرىدىكى 210 ئائىلە 551 كىشىگە ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى ئۈچۈن 204 مىڭ 500 يۈەن تارقىتىلدى، كاپالەت پۇلى ئۆلچىمى ئېيىغا 90 يۈەن بولدى. شۇ يىلى 532 ئائىلىدىكى 2006 كىشى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. بىر كۋادرات كىلومېتىر كۆلەمدە ئىس - تۈتەك، چاڭ - توزان كونترول قىلىنغان رايون بەرپا قىلىندى. ناھىيە بازىرىدىكى كۆكەرتىلگەن كۆلەم 26. 21 گېكتارغا يەتتى، يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %54. 3كە، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كۆكەرتىلگەن كۆلەم 58. 5 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

☆ ئونسۇ ناھىيىسى 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ شىچى ناھىيىسى بىلەن دوست ناھىيە بولدى.

☆ ئونسۇ ناھىيىسىنىڭ كەلكۈن تىنىمىسى تۈزلەڭلىكى يەككە - خۇسۇسىي ئىگىلىك تەجرىبە مەيدانى 4 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئىشقا كىرىشتى.

☆ ئاپتونوم رايوننىڭ 9 - بەش يىللىق پىلانىدىكى نۇقتىلىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشى — ئونسۇ ناھىيىسىنىڭ ئىشخىلا سۇ باشلاش تۇگۇنلۇك قۇرۇلۇشى 10 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

لو چىڭپىڭ

# باي ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

باي ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، چۆلتاغنىڭ شىمالىي چېتىدىكى تاغ ئارىسى ئويمانلىقىغا، ئۆگەن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ۋادىسىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 860 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 11، دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانى 2، دۆلەت چارۋىچىلىق فېرمىسى بىر. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇسى 195 مىڭ 100 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 173 مىڭ 200)، يېزا نوپۇسى 149 مىڭ 700. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰39 .13، ئۆلۈش نىسبىتى ‰6، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰39 .7. ناھىيە بويىچە 48 مىڭ 790 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 31 مىڭ 830 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 370 گېكتار)، 12 مىڭ 40 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 2400 گېكتار) تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

باي ناھىيىسى — ئاپتونوم رايوننىڭ ياغلىق دان بازىسى. ناھىيە تەۋەسىدە مۇزئارت، قاپسىلاڭ، تەلۋىچۈك، قاراسۇ، قىزىلدىن ئىبارەت 5 ئىچكى قۇرۇقلۇق دەرياسى بار. ئۇلارنىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارى 2 مىليارد 792 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ زاپىسى 2 مىليارد 700 مىليون كۇب مېتىرغا، ئېچىشقا بولىدىغان مىقدارى 1 مىليارد كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 84 مىڭ گېكتار تەبىئىي ئورمانلىق، 690 مىڭ گېكتار تەبىئىي ئوتلاق، 7. 5446 گېكتار سۈنئىي ئوتلاق بار. ناھىيە تەۋەسىدە ئەتىۋارلىق ھايۋانلاردىن يىلپىز، قوڭۇر ئېيىق، تاغ ئۆچكىسى، ئارقار قاتارلىقلار، دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن قانتېپەر، سوفىگۈل، كىرەش، چۈچۈكبويا، كەتىرا قاتارلىقلار، قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، مىس، مانگان رۇدىسى، تۆمۈر، نېفىت، ئاشتۇز، گەج، تەبىئىي گاز قاتارلىق 40 نەچچە خىلى بار. قاپسىلاڭ دەريا ئارشىڭى تەركىبىدە گۇڭگۇرت قاتارلىق مىنېراللار ناھايىتى مول بولۇپ، تېرە كېسەللىرىگە شىپا قىلىدۇ. ناھىيىدە مەشھۇر باي قىزىل بۇددا مىڭئۆيى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ باي ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاۋ مىڭلىن.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ھېكىم ئانايەت.

ھاكىم: ئەمەت يۈسۈپ.

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئابدۇرۇسۇل گايىت.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 392 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 280 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %3 .13 (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) ئاشتى. 217 مىڭ توننا ئاشلىق، 17 مىڭ 873 توننا ياغلىق دان (قىچا، زىغىر، ئاپتاپپەرەسنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، 11 مىڭ توننا قىزىلچا ئېلىندى. 3 مىليون 142 مىڭ 600 تۇپ كۆچەت تىكىلدى. 6 .67 گېكتار يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى. پارچە - پۇرات يەرلەرگە 1 مىليون 100 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى، 556 مىڭ 700 تۈپ مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىلدى. 8150 توننا گۆش، 923 توننا سۈت، 996 توننا قوي يۇڭى، 19 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 100 مىڭ 300 پارچە كالا، قوي، ئۆچكە تېرىسى، 367 توننا تۇخۇم ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 15 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 25 .66 تەبىئىي كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسالدى، 7 .44 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ رېمونت قىلىنىپ مۇستەھكەملەندى، 65 يۈرۈشلەشكەن سۇغىرىش مۇئەسسەسى ياسالدى. 4000 گېكتار يەر تۈزلەندى، 6 .27 كىلومېتىر كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش توسمىسى ياسالدى، 78 كىلومېتىر يېزا يولى ياسالدى. 56 كىلومېتىر ئورمان بەلۋىغى ياسالدى. 7 .1266 گېكتار تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز ئۆزگەرتىلدى، 12 مىڭ 7 .667 گېكتار يەرنىڭ سۇغىرىش شارائىتى ياخشىلاندى، 1000 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى. يېزا ئىگىلىكىنى ئۇنىۋېرسال

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 ـ يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | | 4.19 | 8.8 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 2.01 | 5 |
| | 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 0.86 | 13.8 |
| | 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 1.32 | 11.7 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (تۈمەن توننا) | | 21.7 | 5.44 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 73.86 | 4.75 |
| يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | | 2.58 | 7.05 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 97429 | 1.71 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 15359 | 3.84 |
| بازار ـ يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 36603 | 4.94 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 2088 | 6.04 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 8343 | 22.35 |

ئىزاھ: 1999 ـ يىلى يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى يەككە ئىگىلىكتىكى كارخانىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ، ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 419 مىليون يۈەن بولدى.

تەرەققىي قىلدۇرۇش تۈرىنىڭ كۆلىمى 3400 گېكتارغا يەتتى، ئۇنىڭغا 17 مىليون 580 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، ناھىيىنىڭ تەرەققىيات رايونىدا 3.333 گېكتار سۈنئىي ئوتلاق بەرپا قىلىندى، 3.333 گېكتار بوزيەر ئېچىلدى، 7.66 گېكتار كۆلەمدە سۇ مەھسۇلاتلىرى باقمىچىلىقى بازىسى بەرپا قىلىندى. 340 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى. 107 ئائىلىلىك چارۋىچى ئولتۇراقلاشتۇرۇلۇپ، ناھىيە بويىچە چارۋىچىلارنىڭ ئولتۇراقلاشتۇرۇلۇش نىسبىتى %59كە يەتتى. يېزا ـ بازار كارخانىسى 4753كە، كەسىپكارى 14 مىڭ 300 گە، يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ كىرىمى 232 مىليون يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى (ئېلېكتر ئىستانسىسى بۇنىڭ سىرتىدا) 170 مىليون 700 مىڭ يۈەن (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 122 مىليون 250 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن %16.88 ئاشتى؛ سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 59 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %14.57 ئاشتى. 4 مىليون 930 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 1 مىليون 174 مىڭ 900 توننا كۆمۈر، 4000 توننا كوكس، 2642 توننا تۇز، ماشىنىدا قويۇلغان 36 مىليون 730 مىڭ دانە خىش، 1085 توننا ئاق هاراق، 18 مىڭ 750 توننا ئۇن، 5100 توننا سۇ يېغى، 4683 توننا تۆمۈر قېتىشمىسى، 2604 توننا ساپ پاختا، 1455 توننا ئارىلاشما يەم ـ خەشەك، 768 كۇب مېتىر پەنەركە، 1200 توننا مانگان رۇدىسى، 2591 كۇب مېتىر سېمونت ياسالمىسى ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 55 مىليون 490 مىڭ يۈەن (ۋىلايەتنىڭ ناھىيىدە تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىنىڭمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) مەبلەغ سېلىندى. كۆلىمى 28 مىڭ 964 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان 16 كورپۇسلۇق 362 يۈرۈش تۇرالغۇ بىناسى سېلىندى. ئۇنباش يېزىسىغا سۇ باشلاش باش غول ئۆستىڭى قۇرۇلۇشىغا 40 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئاپتونوم رايون 2 مىليون 610 مىڭ يۈەن ياردەم بەردى. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 124 مىليون 840 مىڭ ئادەم ـ كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 92 مىليون 980 مىڭ توننا ـ كىلومېتىرغا، تېلېگراف، پوچتا كەسپىنىڭ

ئومۇمىي مىقدارى 6 مىليون 839 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى پروگراممىلىق تېلېفون 6290 توچكىغا، كوممۇتاتور سىغىمچانلىقى 11 مىڭ 438 توچكىغا، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ سېتىلىش سوممىسى 27 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە، بازار سودىسىدا پۈتۈشۈلگەن سومما 59 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە، ساياھەتچىلىك كىرىمى 2 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 17 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە كەسپىي تېخنىكا خادىمىدىن 4802 سى بار (تەكلىپ قىلىنغان 1492 كىشىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 38، ئوتتۇرا دەرىجىلىكى 610. ناھىيىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 162 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 148)، ئوقۇغۇچىسى 35 مىڭ 800 (مىللىي 31 مىڭ 878)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 1675 (مىللىي 1445)، ئوتتۇرا مەكتەپ 22 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 18)، ئوقۇغۇچىسى 15 مىڭ 305 (مىللىي 13 مىڭ 935)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 660 (مىللىي 549)؛ بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 133. 3 مىليون 572 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، كۆلىمى 11 مىڭ 863 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان مەكتەپ ياتىقى سېلىش، خەتەرلىك ئۆيلەرنى ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسى تاماملاندى، 2500 كۋادرات مېتىر كۆلەمدە ئوقۇتقۇچىلار تۇرالغۇ ئۆيى سېلىندى. 2 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 1 مىليون 650 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، 2360 كۋادرات مېتىرلىق ئوقۇتۇش بىناسىنى كېڭەيتىپ سېلىش قۇرۇلۇشى تاماملاندى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %84كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %78كە، سىملىق تېلېۋىزىيە تورىغا كىرگەن ئائىلە 2900گە يەتتى. ناھىيە بويىچە 19 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى 628 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 455 كارىۋات بار. ۋىلايەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسىدە ناھىيە تەنھەرىكەتچىلىرىدىن 2 كىشى شەخسلەر بويىچە 2 تۈردە 1 -، 2 تۈردە 2 -، بىر تۈردە 3 - بولدى. ۋىلايەت ئۇيۇشتۇرغان قارىغا ئېتىش مۇسابىقىسىدە ناھىيە كوماندىسى ئومۇمىي نەتىجىدە 1 - بولدى. ناھىيە بويىچە 117 قېتىم چوڭ پائالىيەت ئۆتكۈزۈلدى، پائالىيەتكە 29 مىڭ 425 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى. يېزا، بازار، كەنت ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدە «دۆلەتلىك تەنتەربىيىدە چېنىقىش ئۆلچىمى» بولغا قويۇلدى، ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى %75 بولدى.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1582.21 يۈەنگە يەتتى. شەھەر - بازاردىكى ئىشچى - خىزمەتچى 14 مىڭ 619 (ۋىلايەتنىڭ ناھىيىدە تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىنىڭ شۇنىڭ ئىچىدە) بولۇپ، ئۇلارغا 90 مىليون 76 مىڭ يۈەن مائاش تارقىتىلدى. ناھىيە بويىچە سۇغۇرتا كەسىپلىرىنىڭ سۇغۇرتىلاش سوممىسى 39 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە، سۇغۇرتا كىرىمى 11 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە (بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتا پۇلى 7 مىليون 650 مىڭ يۈەن، جىسمانىي سۇغۇرتا پۇلى 4 مىليون 200 مىڭ يۈەن) يەتتى. مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىدا 2 مىليون 600 مىڭ يۈەن، جىسمانىي سۇغۇرتىدا 340 مىڭ يۈەن تۆلەم بېرىلدى، 200 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىندى. مۇشۇ يىلى 363 ئائىلىدىكى 1634 كىشى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. ناھىيە بويىچە يۇندا چىقىرىۋېتىش ئىجازەتنامىسىدىن 200ى تارقىتىلدى، 250 مىڭ يۈەن يۇندا چىقىرىۋېتىش خىراجىتى يىغىۋېلىندى. 5 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ئەسىر مەيدانى رايونى مەركەزلىك ئىسسىتىش مەركىزى سېلىندى، كۆلىمى 65 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. بىڭخې باغچىسى، ئەسىر مەيدانى، تەنتەربىيە مەيدانى قاتارلىق شەھەر ئاممىۋى رايونىدا كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلدى، 65 مىڭ كۋادرات مېتىر ئاممىۋى كۆكەرتىش كۆلىمى كۆپەيتىلدى. شەھەر رايونىنى ئاممىۋى كۆكەرتىشتە 19 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى.

☆ ئاپتونوم رايوننىڭ ئاق چۈشكەن كۆزنى ئوپېراتسىيە قىلىپ داۋالاش ئەترىتى باي ناھىيىسىگە كېلىپ 5 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن باشلاپ كۆرۈش قوزغۇتىسى 1 - جۇڭگو ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، باي ناھىيىسىدىكى كۆزىگە ئاق چۈشۈپ قالغان 249 بىمارنىڭ كۆزىنى ئاچتى.

☆ 6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى باي ناھىيىسى تەۋەسىدە ئۇدا 3 قېتىم قاتتىق يەر تەۋرەپ، 24 مىليون يۈەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان كەلتۈرۈپ چىقاردى.

☆ 7 - ئاينىڭ 17 — 18 - كۈنلىرى تېمپېراتۇرا ئۆرلەپ، كەلكۈن كەلدى، كەلكۈن ناھىيىنىڭ 16 يېزا، بازار، مەيدان، كان رايونلىرى، شەھەر رايونىنى ئوخشىمىغان دەرىجىدە زىيانغا ئۇچراتتى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 29 مىليون 703 مىڭ 300 يۈەنگە يەتتى.

☆ 35 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ئاق بولۇڭ سۇغىرىش - سۇ باشلاش قۇرۇلۇشى پۈتۈپ 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئىشقا كىرىشتى.

ياڭ شۈەن

# كۇچا ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

كۇچا ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيىنىڭ ئۇزۇنچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 750 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 13، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانى 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇسى 370 مىڭ 636 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 336 مىڭ 938)، يېزا نوپۇسى 278 مىڭ 179؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 14.10‰، ئۆلۈش نىسبىتى 6.19‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 7.91‰. ناھىيە بويىچە 57 مىڭ 520 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 32 مىڭ 733 گېكتار يەرگە (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى شۇنىڭ ئىچىدە) ئاشلىق زىرائىتى، 30 مىڭ 900 گېكتار يەرگە (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى شۇنىڭ ئىچىدە) ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى.

كۇچا ناھىيىسىنىڭ دوپپا، گىلەم، قەلەمتىراش، كۆرپە قۇلاقچا، مىس چۆگۈن قاتارلىق مەشھۇر يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى بار. ناھىيە بويىچە يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارى 1 مىليارد 450 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 899 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 339 مىڭ گېكتار ئورمان بار. ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 23.22%. سۇ بېشى قەدىمكى شەھىرى، مىڭ - ئۆي، قۇمتۇرا مىڭئۆيى، قىزىلقاغا مىڭئۆيى، قىزىلقاغا تۇراسى، كۇچا خانىقاسى، كۆسەن قەدىمكى شەھىرى، مەۋلانە ئەرشىدىن مازىرى قاتارلىق مەشھۇر ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ كۇچا ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لى گېڭشېڭ.

11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ھوشۇر ۋاھاپ.

ھاكىم: مەتنىياز ئىمامنىياز.

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: تو شېڭفۇ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 62 مىليون 421 مىڭ 200 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 545 مىليون 555 مىڭ يۈەن) بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 7.25% (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) تۆۋەنلەپ كەتتى. 180 مىڭ 543 توننا ئاشلىق، 1273 توننا ياغلىق دان، 34 مىڭ 861 توننا پاختا، 51 مىڭ 766 توننا مېۋە - چېۋە، 46 مىڭ 550 توننا كۆكتات، 13 مىڭ 609 توننا تاۋۇز، 2640 توننا قوغۇن، 117 توننا ياڭاق ئېلىندى، 2500 ساندۇق پىلە بېقىلدى، 38 توننا پىلە غوزىسى ئېلىندى. 815 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 90 گېكتار يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى، پارچە - پۇرات يەرلەرگە 590 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى. 14 مىڭ 254 توننا گۆش، 2972 توننا سۈت، 925 توننا قوي يۇڭى، 57 توننا ئۆچكە چۈپۈرى، 29.5 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 36 مىڭ 500 پارچە كالا تېرىسى، 392 مىڭ 300 پارچە قوي تېرىسى، 759 مىڭ 100 دانە ئۆي قۇشى، 2657 توننا تۇخۇم، 210 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 51 مىليون 436 مىڭ 700 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 61.51 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسالدى، 163 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ رېمونت قىلىندى، 181 كىلومېتىر زەيكەش چېپىلدى، 294 يۇرۇشلەشكەن سۇچىلىق مۇئەسسەسى ياسالدى، 115.34 كىلومېتىر كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش تۇسمىسى ياسالدى. 1033.33 گېكتار يەر تۈزلەندى، 66.67 گېكتار تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز ئۆزگەرتىلدى. تۆۋەن بېسىملىق تورۇبا ئارقىلىق سۇغىرىش تېخنىكىسى پائال كېڭەيتىلدى، بۇنىڭ بىلەن 100 مىليون كۇب مېتىر سۇ تېجەپ قېلىندى. 7533.3 گېكتار بوزيەر ئېچىلدى، 959.5 گېكتار سۇغىرىش كۆلىمى كۆپەيتىلدى، 1614 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى. يېزا - بازار كارخانىسى 9275كە، كىرىمى 197 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 383 مىليون 47 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 273 مىليون 288 مىڭ يۈەن) بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 0.89% تۆۋەنلەپ كەتتى. سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 97 مىليون 855 مىڭ يۈەن بولۇپ، 5.79% تۆۋەنلەپ كەتتى. 483 مىڭ 900 توننا كۆمۈر، 60 مىڭ 100 توننا سېمونت، 217 مىليون 820 مىڭ دانە خىش، 986 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 36 مىڭ 741 توننا ساپ پاختا، 27 توننا ئېغېدرىن، 1400 توننا تۇز، 337 توننا ئاق ھاراق، 60 مىڭ 700 توننا ئوتۇن، 3658 توننا سۇ يېغى ئىشلەپچىقىرىلدى. دۆلەت بايرىمى ھارپىسىدا ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 3139 كىلومېتىر كېلىدىغان دوستلۇق يولى، ئىتتىپاق يولى، 1 - ماي يولىنى كېڭەيتىپ ياساش قۇرۇلۇشى

## خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 154463 | 0.99 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 51215 | -20 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 58079 | 9.19 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 45169 | 19.58 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (تونna) | | 180543 | -2.44 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 82.5 | 5.77 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 20266 | 2.72 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 99947 | -9.89 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 24852 | 7.58 |
| بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 86600 | 4.34 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 6748 | 12.09 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 13863 | 11.59 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 1 مىليارد 166 مىليون 60 مىڭ يۈەن بولدى.

يۈزتى، يۈزتۈش قىممىتى 8 مىليون 390 مىڭ يۈەن. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 136 مىليون 350 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيىلىك ترانسپورت شىركىتى يولۇچى ئوبوروت مىقدارىنى 68 مىليون 120 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا يەتكۈزدى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىي مىقدارى 24 مىليون 886 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى پروگراممىلىق تېلېفون 15 مىڭ 351 توچكىغا يەتتى. 300 توچكا ئاممۋى تېلېفون ئورنىتىلدى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 71 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە، بازار سودىسىدا يۈتۈشۈلگەن سومما 136 مىليون يۈەنگە يەتتى. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مېھمانلاردىن 113 مىڭ 200 ئادەم (قېتىم) (بۇنىڭ ئىچىدە چەت ئەللىك مېھمان 4805 ئادەم - قېتىم) كۈتۈۋېلىندى. ساياھەتچىلىكتىن 7 مىليون 686 مىڭ 600 يۈەن كىرىم قىلىندى.

### پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 1222 (بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇتقۇچى 807). ئوتتۇرا مەكتەپ 20 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 18). ئوقۇغۇچىسى 25 مىڭ 507 (مىللىي 23 مىڭ 606)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 1219 (مىللىي 1064)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 199 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 192)، ئوقۇغۇچىسى 58 مىڭ 420 (مىللىي 54 مىڭ 877)؛ مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 2793 (مىللىي 2565)؛ بالىلار باغچىسى 3 (مىللىي باغچا 2) باغچىدىكى بالا (تەييارلىق سىنىپمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 850 (مىللىي 529). باغچا ئوقۇتقۇچىسى 41 (مىللىي 27). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 9 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى 4 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، كۆلىمى 4855 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان كۆچا ناھىيىلىك لىن جىلۇ باشلانغۇچ مەكتىپىنى قايتا سېلىش قۇرۇلۇشى پۈتتۈپ ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %92كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %88كە يەتتى.

12 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا كۇچا ناھىيىسىنىڭ ھەممە يېزىسىغا رادىئو، تېلېۋىزىيە يەتكۈزۈش نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇلدى، كەنت دەرىجىلىك 100 كىنو قويۇش مەيدانى سېلىنىپ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. %80تىن ئارتۇق يېزا مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە پونكىتى ئاپتونوم رايوننىڭ 1 ـ دەرىجىلىك ئۆلچىمىگە يەتتى. ناھىيىلىك كۇتۇپخانا ئاپتونوم رايوننىڭ مەدەنىي ئورۇن ئۆلچىمىگە يېتىش بويىچە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئوڭۇشلۇق ئۆتتى. مۇشۇ يىلى كۇچا ناھىيىسىنىڭ تۇنجى ئەدەبىي ئەسەرلەر توپلىمى «مارجانبۇلاق» 9 ـ ئايدا نەشردىن چىقتى. 12 ـ ئايدا كۇچا ناھىيىلىك ئارخىپ ئىدارىسى دۆلەت ئارخىپ ئىدارىسى، كادىرلار مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە ئارخىپچىلىق سىستېمىسى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى. ناھىيە بويىچە 19 تېببىي داۋالاش ـ سەھىيە ئاپپاراتى، 874 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 639)، 787 كارىۋات بار. 1999 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 18ـ كۈنى كۆلىمى 1700 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان، 1500 تاماشىبىن سىغىدىغان ناھىيىلىك تەنتەربىيە سارىيى پۈتتى.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 ـ يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1264.9 يۈەنگە، ئىش ئورنىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 6061 يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى سۇغۇرتا كەسپىنىڭ سۇغۇرتىلاش ئومۇمىي سوممىسى 312 مىليون 837 مىڭ يۈەنگە، مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتا كىرىمى 5 مىليون 506 مىڭ يۈەنگە، جىسمانىي سۇغۇرتا كىرىمى 8 مىليون 45 مىڭ يۈەنگە يەتتى، مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسىدا 2 مىليون 152 مىڭ يۈەن، جىسمانىي سۇغۇرتىدا 440 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى، بېرىلگەن سومما 2 مىليون 323 مىڭ يۈەن بولدى. ناھىيە بويىچە دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىدىن 6550ى پاشانغانلار كۇتۇنۇش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى، سۇغۇرتىغا قاتنىشىش نىسبىتى %97كە يەتتى، 15 مىڭ كىشى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى. مۇشۇ يىلى 2779 كىشىنىڭ كىيىنىش، تويۇنۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى، بۇ نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش نىشانىنىڭ %9.15نى ئىگىلىدى. 9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى تارىم، ئاقسۇدىكى يېزىلىرىغا توك يەتكۈزۈلگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن لېنتا كېسىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى، بۇنىڭ بىلەن كۇچا ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىدا توك يوق بولۇش تارىخىغا ئۈزۈل ـ كېسىل خاتىمە بېرىلدى. 11 ـ ئايدا 2 تۇرالغۇ رايوننىڭ ئىسسىتىش مەركىزى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، ئۇنىڭ مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش كۆلىمى 140 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىدۇ.

☆ 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا كۇچا ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى تاغلىق رايوندىن ئۆتىدىغان دۆلەت يولى 217 ـ لىنىيىسىنىڭ 1026 ـ كىلومېتىرلىق جايىدا سىرلىق جىلغا بايقالدى، ئۇنىڭغا تەڭرىتاغدىكى سىرلىق جىلغا دەپ نام بېرىلدى.

فېڭ رۇيلەن

# توقسۇ ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

توقسۇ ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە، ئۆگەن دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 794 كىلومېتىر، تۆمۈريول مۇساپىسى 779 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 ـ يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 6، مەيدان 6. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇسى 134 مىڭ 335 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 127 مىڭ 877)، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا نوپۇسى 104 مىڭ 966؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰18.87، ئۆلۈش نىسبىتى ‰6.12، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰12.75 بولدى. ناھىيە بويىچە 32 مىڭ 50 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 8000 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 4533 گېكتار)، 17 مىڭ 560 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

توقسۇ ناھىيىسى ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق، پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسىنىڭ بىرى، ئىقتىسادىي زىرائەتلىرى كېۋەز بىلەن ياغلىق داننى ئاساس قىلىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيى ئاساسەن ئۆگەن دەرياسىدىن كېلىدۇ، بىراق يەر ئاستى سۇ زاپىسى خېلى كۆپ بولۇپ، 290 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 26 مىڭ 300 گېكتار ئورمان، 116 مىڭ 200 گېكتار ئوتلاق بار. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن جەرەن، ئىپار چاشقىنى، بۇغا قاتارلىقلار، دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن زاراڭزا، چۈچۈكبۇيا، قىياق قاتارلىقلار، ئاساسلىق قېزىلما بايلىقلاردىن نېفىت، تەبىئىي گاز، تاش تۇز، گەج، تۆمۈر قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ توقسۇ ناھىيىلىك 8 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ جىنلىڭ.

12 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: تۇردى نىياز.

ھاكىم: مۇھەممەت ھۇسەن.

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ۋاڭ چۇنشاڭ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 375 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە240 مىليون يۈەن) بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن %4 . 8 تۆۋەنلەپ كەتتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە، تۆۋەندىسۇ شۇنداق) . 77 مىڭ 482 توننا ئاشلىق، 419 توننا ياغلىق دان، 20 مىڭ توننا پاختا، 4294 توننا قوغۇن - تاۋۇز، كۆكتات، 4684 توننا بېدە، 11 مىڭ 855 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا بۇ ناھىيە ئاپتونوم رايون بويىچە «سۇپەتلىك پاختا ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئىلغار ناھىيە» دېگەن نامغا ئېرىشتى. 570 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 383 مىڭ 700 تۈپ كۆچەت تىكىلدى. 7 .122 گېكتار يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى. 4053 توننا گۆش، 810 توننا تۇخۇم، 960 توننا سۈت، 318 توننا قوي يۇڭى، 3.8 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 960 پارچە كالا تېرىسى، 28 مىڭ 450 پارچە قوي تېرىسى ئېلىندى، 100 توننا بېلىق تۇتۇلدى. 1500 قوتا پىلە بېقىلدى، 6 .27 توننا پىلە غوزىسى ئېلىندى. چارۋىچىلىقتا ئۆلگە كەنتتىن 19ى قۇرۇلۇپ، 18 مىڭ 300 تۇياق نەسىللىك چارۋا كىرگۈزۈلدى، 100 تۇياقتىن ئارتۇق چارۋىسى بار باقمىچىلىق ئائىلىسى 143 كە يەتتى. 373 مىڭ 700 كەپتەر بېقىلدى. ناھىيىدە كەپتەر گۆشىنى دورا - دەرمان سېلىنغان تۇزلۇق سۇدا پىششىقلاش زاۋۇتى قۇرۇلدى، يىلىغا 70 مىڭ كەپتەر گۆشى پىششىقلاپ ئىشلەندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 65 مىليون 880 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 62 . 8 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى، 52 . 90 كىلومېتىر زەيكەش چېپىلدى، 1350 گېكتار يەر تۈزلەندى. 2320 گېكتار تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز ئۆزگەرتىلدى، 1400 گېكتار سۇغىرىش كۆلىمى كۆپەيتىلدى، 4 . 41 كىلومېتىر يېزا يولى ياسالدى. يېزا - بازار كارخانىسى 1152گە، كىرىمى 82 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممەت 23 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە، ئەمەلىي پايدىسى 7 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 73 مىليون 399 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 48 مىليون 199 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %98 . 9 ئاشتى.

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 38598 | —0.6 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 25881 | —51.8 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 8704 | 20.5 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 4013 | —6.9 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 77482 | —7.12 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 26 .75 | 0.45 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 8438 | 12.6 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 48446 | —1.25 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 8983 | 11.44 |
| بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 22662 | —40.81 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 1333 | 8.25 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 5741 | 17.66 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 251 مىليون 650 مىڭ يۈەن بولدى.

ساناۋەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 2 مىليون 93 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 3470 توننا سۇ بېغىـــى، 6.220 توننا سۇلىياۋ ياسالمىسى، 24 مىڭ 734 توننا ساپ پاختا، 13 مىليون 305 مىڭ 600 دانە خىش، 5000 كۋادرات مېتىر گەج تاختا ئىشلەپچىقىرىلدى، 1 مىليون 450 مىڭ نۇسخا باسما بۇيۇمى نەشر قىلىندى، 806 مىڭ 600 كۇب مېتىر تۇرۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەندى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 42 مىليون 291 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 27 مىليون 276 مىڭ يۈەن بولۇپ، 44 مىڭ 740 كۋادرات مېتىـــر قۇرۇلۇش پۈتكۈزۈلدى. مۇشۇ يىلى تاماملانغان ئاساسلىـــق قۇرۇلۇش تۈرلىرىدىن، 9 مىليون 6500 يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ناھىيە بازىرىدىن پويىز ئىستانسىـــسىغا بارىدىغان 3.746 كىلومېتىر يولغا ئاسفالت ياتقۇزۇلدى، پويىز ئىستانسىسىغا 34 مىڭ 230 كۋادرات مېتىرلىق مەيدان ياسالدى، بۇ مەيدان 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئىشلىتىلىشكە تاپشۇرۇلدى. 17 مىليون 920 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، كۆلىمى 20 مىڭ 98.147 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشـــى پۈتۈپ، 240 ئائىلىلىك ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ ئۆي مەسىلىســـى ھەل قىلىندى. يېزا ئىگىلىكىنى تورلاشتۇرۇشنى ئۇقتىدا سىناق قىلىش ئىشىغا يۇقىرىدىن 18 مىليون 980 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئېلىندى. ئۆگەن دەرياسىنىڭ 25 كىلومېتىر كېلىـــدىغان كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش دامبىسى رېمونت قىلىندى ۋە مۇستەھكەملەندى، ھەمدە ئاچال كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش تومۇسى پۈتكۈزۈلدى. شۇ يىلى توشۇلغان يولۇچى 417 مىڭ ئادەم (قېتىم)، يۈك 42 مىـــڭ توننا بولدى. تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ كەسپىي مىقدارى 1 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە، كەسپىي كىرىمى 720 مـــىڭ يۈەنگە يەتتـــى، تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ كەسپىي مىقدارى 5 مىليون 564 مىڭ يۈەنگە، كەسپىي كىرىمى 4 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بازار، يېزىلاردىكى تېلېفون ئابونىتى 4608 گە يەتتى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ سېتىلىش سوممىســـى 29 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە، بازار سودىسىدا پۈتۈشۈلگەن سومما 32 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ھەرخىل تېخنىكا خادىمـــدىن 2985ى (مىللىي 2566) بار. بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسـى بارى 368 (ئالىـــي دەرىجىلىكى 17). ناھىيىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 84 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 80)، ئوقۇغۇچىسى 24 مىڭ 37 (مىللىي 22 مىڭ 744)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 1268 (مىللىي 1177)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 9 (مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ 3، مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 8)، ئوقۇغۇچىسى 9707 (تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 859، مىللىـــي 9316)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىـــــسى 550 (تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 75، مىللىـــي 509). مائارىپ ئاساســـي قۇرۇلۇشىغا 2 مىليون 900 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 7979 كۋادرات مېتىر كۆلەمدە مەكتەپ ئۆيى سېلىندى. 135 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 3 يېزىدا پىلانلىق تۇغۇت مۇلازىمەت پونكىتى قۇرۇلدى. تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %83كە، رادىئـونىڭ نـوپـۇسنى قاپلاش نىسبىتى %97كە يەتتى. 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى «توقسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى» نىڭ ئۇيغۇرچىسى نەشر قىلىندى. ناھىيە بويىچە 10 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 471 سەھىيە خادىمى (تېخنىكا خادىم 408، مىللىي 296)، 356 كارىۋات بار.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 4.971 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 6300 يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ يىلى دېھقانلارنىڭ 4 مىليون 788 مىڭ يۈەن يۈكى تەكشۈرۈپ ئازايتىلدى. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەربىر دېھقاننىـــڭ يۈكـــى 48.46 يۈەن ئازايتىلدى. سۇغۇرتا كىرىمى 3 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتا كىرىمى 2 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە، جىسمانىي سۇغۇرتا كىرىمى 1 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە يەتتى، مال - مۈلۈك سۇغۇرتىـــدا 1 مىليون 800 مىڭ يۈەن، جىسمانىي سۇغۇرتىدا 380 مىـــڭ يۈەن تۆلەم بېرىلدى.

☆ 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىســـى شىـــنجاڭ بىئـولـوگىيـە - تۇپراق - قۇملۇق تەتقىقات ئورنىنىـــڭ تەتقىقاتچىسى، توقسۇ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىمى جاڭ بىنغا «ئاساسىي قاتلامدا يىلتىز تارتىپ، خالىس تۆھپە قوشقان ئون نادىر خەلق چاكىرى» نىڭ بىرى دەپ نام بەردى.

☆ 1999 - يىلى توقسۇ ناھىيىسى 33.833 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلدى، ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا دۆلەتنىڭ يېزا ئورمانچىلىق پونكىتى ئۆلچىمىگە يەتكەن ئىلغار ناھىيە دەپ نام ئالدى.

لو شىنلىڭ، دۇ جيەن

# شايار ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

شايار ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىغا، تارىم

دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىغا، ئۆگەن دەرياسىنىڭ تۆۋەن ۋادىسىغا جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان ئاشيول مۇساپىسى 832 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 7، دېھقانچىلىق مەيدانى، چارۋىچىلىق فېرمىسى 3. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇسى 190 مىڭ 656 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 163 مىڭ 370)، يېزا نوپۇسى 158 مىڭ 845؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 12.67‰، ئۆلۈش نىسبىتى 4.97‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 7.7‰. ناھىيە بويىچە 48 مىڭ 900 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار، 19 مىڭ 100 گېكتار (ئېكىنز ئورنى 67 مىڭ گېكتار) يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 29 مىڭ 800 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى قۇرغاقلىق تىپىدىكى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

شايار ناھىيىسىدىكى تارىم دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا 52 مىڭ 400 گېكتار توغراقلىق بار، تارقاق ئۆسكەن توغراقلىق 14 مىڭ 300 گېكتارغا يېتىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدە 310 مىڭ 600 گېكتار ھەرخىل ئوتلاق بار. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن بۇغا، ياۋا تۆگە، ساقا ئۆردەك، سۇر تورنا، لەيلەك قاتارلىقلار، دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن چۇچۇكبۇيا ۋە لوپنۇر كەندىرى قاتارلىقلار بار، ناھىيە تەۋەسىدە نېفىت زاپىسى مول، باشقا قېزىلما بايلىق زاپىسى ئازراق.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ شايار ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: سۇن شىڭجيې.

11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مىجىت مۆمىن.

ھاكىم: توختى بەكرى.

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئوسمان ماساق.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 646 مىليون 362 مىڭ 400 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 457 مىليون 844 مىڭ 300 يۈەن) بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 11.38% (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) تۆۋەنلەپ كەتتى. 109 مىڭ 515 توننا ئاشلىق، 4374 توننا ياغلىق دان، 40 مىڭ 100

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 66949.78 | −1 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 41345 | −11.6 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 6572 | 11.6 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 19032.78 | 42.5 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 109515 | 4.84 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 59.35 | 4.77 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 16738 | 13.3 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 100670 | 10.02 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 16324.4 | −2.84 |
| بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 37128 | −37.41 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 2454 | 10.74 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 6603 | 8.33 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 438 مىليون 160 مىڭ 600 يۈەن.

تونىنا پاختا ئېلىندى. 849 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، پارچە - پۇرات يەرلەرگە 465 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى، 167 گېكتار يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى. باغ كۆلىمى 2340 گېكتارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭى بەرپا قىلىنغان باغ كۆلىمى 413 گېكتار، 19 مىڭ 986 تونىنا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. 6011 تونىنا گۆش، 379 تونىنا يۇڭ، 20.4 تونىنا ئۆچكە تىۋىتى، 119 مىڭ 300 پارچە تېرە، 487 تونىنا سۈت مەھسۇلاتى ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 12 مىليون 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 30 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى. 446.8 كىلومېتىر زەيكەش ۋە سۇغىرىش ئۆستىڭى رېمونت قىلىندى. 110.46 كىلومېتىر زەيكەش چېپىلدى، 305 يۇرۇشلەشكەن مۇئەسسەسە ياسالدى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ كىرىمى 167 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 137 مىليون 203 مىڭ يۈەنگە (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 107 مىليون 404 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 12.64% ئاشتى. مۇشۇ يىلى 518 تونىنا ئۇن (ناھىيىلىك ئۇن زاۋۇتى)، 6800 تونىنا سۇ يېغى، 850 تونىنا سۇلياۋ بويۇق، 3006 تونىنا پاختا يىپ، 1 مىليون تونىنا تۇرۇبا سۇيى ئىشلەپچىقىرىلدى. ناھىيە بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 60 مىليون 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 42 مىليون 660 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 28 مىليون 530 مىڭ تونىنا - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىي مىقدارى 8 مىليون 838 مىڭ 800 يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى پروگراممىلىق تېلېفون 9200 توچكىغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېزا تېلېفونىنىڭ سىغىمچانلىقى 3200 توچكىغا يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمىدىن 5318ى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 498 (ئالىي دەرىجىلىكى 29). ناھىيىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 139 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 116)، ئوقۇغۇچىسى 32 مىڭ 127 (مىللىي 27 مىڭ 439)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 14 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 12)، ئوقۇغۇچىسى 11 مىڭ 995 (مىللىي 10 مىڭ 227)؛ باللار باغچىسى 2 (مىللىي باغچا يوق)، باغچىدىكى بالا 390 (مىللىي 187). ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 1956 (مىللىي 1604). رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %92كە يەتتى؛ سىملىق تېلېۋىزىيە 3000 ئائىلىگە كىردى، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %90كە يەتتى. ناھىيە بويىچە 15 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى (دوختۇرخانا 13)، 469 سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 425 كارىۋات بار.

### خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى يېزىلاردا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ساپ كىرىم 1239.93 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 9606 بولۇپ، ئۇلارغا 69 مىليون 846 مىڭ يۈەن مائاش تارقىتىلدى.

ۋاڭ يۈپىڭ

# ئۇچتۇرپان ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

ئۇچتۇرپان ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىي چېتىگە، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، توشقان دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا جايلاشقان، ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1111 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 8، مەيدان 2. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇسى 175 مىڭ 186 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 163 مىڭ 567)، يېزا نوپۇسى 150 مىڭ 78؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 20.84‰، ئۆلۈش نىسبىتى 8‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 12.84‰. ناھىيە بويىچە 29 مىڭ 980 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 20 مىڭ 193 گېكتار يەرگە (ئېگىز گورنى تېرىلغۇ كۆلىمى شۇنىڭ ئىچىدە) ئاشلىق زىرائىتى، 8490 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

ئۇچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ مەنزىرىسى گۈزەل بولۇپ، توققۇز بۇلاق باغچىسى، مۆلجەرتاغ، لىن جىلۇنىڭ بۇرۇنقى ئىش بېجىرگەن ئورنى (قوڭغۇراق - دۇمباق راۋىقى)، سوۋۇتقا بۇلاق، يېڭى ئايماق قەلئەسى، يەتتە قىزلىرىم مەقبەرىسى، شىمالىي تۆپىلىك قىياتاش سۈرەتلىرى، مەككىنز دۆڭ تۇرايى قاتارلىق مەنزىرىلىك ساياھەت نۇقتىلىرى بار. ناھىيە تەۋەسىدىكى توشقان دەرياسىنىڭ ئەڭ چوڭ ئېقىن مىقدارى 3 مىليارد 870 مىليون كۇب مېتىرغا، ئەڭ ئاز يىللىق ئېقىن مىقدارى 83 مىليون 70 مىڭ كۇب مېتىرغا، يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى 3 مىليارد 221 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ

زاپىسى 1 مىليارد 875 مىليون كۇب مېتىرغا، سۇ يۈزى كۆلىمى 733.33 گېكتارغا، پايدىلىنىلغىنى 105 گېكتارغا يېتىدۇ. پايدىلانغىلى بولىدىغان 474 مىڭ 700 گېكتار تەبىئىي ئوتلاق، ئۆزگەرتكىلى بولىدىغان 225 مىڭ 700 گېكتار ئوتلاق بار. 115 مىڭ 300 گېكتار ئورمان بار. بۇنىڭ ئىچىدە تەبىئىي ئورمان 103 مىڭ 700 گېكتار. ناھىيىنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 13.7% (سۇغىرىلىدىغان دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 32.7%) كە يەتتى. ناھىيە تەۋەسىدە ياۋايى ھايۋانلاردىن ئارقار، كىيىك، سۇغۇر، قىرغاۋۇل، قاپلان، ياۋا توڭگۇز قاتارلىق 25 خىل ھايۋان، دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن چۈچۈكبۇيا، قار لەيلىسى، قانتېپەر قاتارلىق 13 خىل ئۆسۈملۈك بار. ناھىيە تەۋەسىدە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلاردىن فوسفور، ھاك تېشى، سىنك رۇدىسى، مەرمەر، ئاليۇمىن رۇدىسى، گەج، ئېغىر كرىستال، ئالتۇن، ئىسلاندىيە تېشى قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئۇچتۇرپان ناھىيىلىك 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: سۇن جېندا.

11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: تۇرسۇن مامۇت.

ھاكىم: ئابلىز تۇنىياز.

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ۋۇ چىڭخەي.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 389 مىليون 597 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 238 مىليون 584 مىڭ 600 يۈەن) گە يەتتى. 153 مىڭ 400 توننا ئاشلىق، 5182 توننا ياغلىق دان، 455 توننا پاختا، 26 مىڭ 988 توننا قىزىلچا ئېلىندى. 27.857 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، پارچە - پۇرات يەرگە 440 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى، 48.33 گېكتار يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى؛ باغ كۆلىمى 3097 گېكتار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆزگەرتىلگەن كونا باغ كۆلىمى 266.67 گېكتار. 19 مىڭ 721 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. 44 ئۈزۈم كارىدورى بەرپا قىلىندى، 10 مىڭ تۈپ مېۋە كۆچىتى تىكىلدى، 144 مىڭ تۈپ مېۋە كۆچىتى ئۇلاندى. 6728 توننا گۆش، 2250 توننا سۈت، 392.67 توننا يۇڭ، 188 مىڭ پارچە تېرە، 270 توننا تۇخۇم ئېلىندى. 2000 گېكتار يەر تۈزلەندى، 173 يۇرۇشلەشكەن سۇغىرىش مۇئەسسەسەسى پاسالدى. 213 كىلومېتىر سۇغىرىش - زەي چىقىرىۋېتىش ئۆستەڭگى رېمونت قىلىندى، 35 كىلومېتىر توسما پۇختىلاندى. 3733.33 گېكتار سۇغىرىش كۆلىمى ياخشىلاندى، 1733.33 گېكتار تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز ئۆزگەرتىلدى. ناھىيە ۋىلايەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» بويىچە ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىنى سېلىشتۇرۇپ باھالاشتا 2 - بولدى. شاخ - شۇمبا بىلەن چارۋا بېقىش تۈرى، ئۇقۇت بازىسى تۈرى، ئىمامىلىرىم يېزىسىنىڭ 666.67 گېكتار، يېڭىئاۋات يېزىسىنىڭ 3333.33 گېكتار كېلىدىغان تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىزىنى ئۆزگەرتىش پىلانى 100% ئورۇندالدى. 8000 گېكتار سۇغىرىلىدىغان كۆلەم ياخشىلاندى. يېزا، بازارلاردىكى كوللېكتىپ كارخانا 29غا، مەھسۇلات قىممىتى 60 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 7 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە، يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلە 1965 كە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 32 مىليون 799 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 16 مىليون 10 مىڭ يۈەن) گە، سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە) 6 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 15.2% ئاشتى. 13 مىليون 920 مىڭ كىلوۋات سائەت توك چىقىرىلدى. 235 مىڭ توننا تورۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەندى، 1430 توننا سېمونت ئىشلەپچىقىرىلدى، ماشىنىدا 18 مىليون دانە خىش قويۇلدى، 5500 توننا فوسفور رۇدىسى قېزىلدى، 5795 توننا ساپ پاختا، 35 مىڭ 788 توننا ئۇن، 1677 توننا سۇ يېغى، 400 توننا ئاق ھاراق، 185 توننا ئاچچىقسۇ، 350 توننا مىنېرال سۇ ئىشلەپچىقىرىلدى. ناھىيە بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 23 مىليون 700 مىڭ يۈەن (ۋىلايەتنىڭ ناھىيىدە تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىنىڭمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) مەبلەغ سېلىندى. 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 7.5 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ياكۆۋرۈك - ئىمامىلىرىم يولى، ناھىيە بازىرىدىكى قاراباغ يولى، قىزىل كۆۋرۈك ئاھالىلەر كومىتېتى، مەكتەپ غەربىي يولى ۋە پارتىيە مەكتىپى يولىغا ئاسفالت ياتقۇزۇلدى. ناھىيىلىك ترانسپورت شىركىتىنىڭ يولۇچى توشۇش ئوبوروت مىقدارى 48 مىليون 480 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 27 مىليون 10 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، پوچتا - تېلېگراف كەسپىي مىقدارى 4 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا ناھىيە بازىرىدىكى پروگراممىلىق تېلېفون 4444 توچكىغا، يېزا تېلېفونى 1831 توچكىغا، يانتېلېفون ئابونتلىرى 471گە، سىمسىز چاقىرغۇ ئابونتلىرى 1111 گە يەتتى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ توپ سېتىلىش سوممىسى 22 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە، بازار سودىسىدا پۈتۈشۈلگەن سوممىسى

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
| --- | --- | --- |
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 35135.11 | 1.6 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 22748.76 | -3.4 |
| 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 3201.97 | 36.1 |
| 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 9184.48 | 11.5 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (تونna) | 15.34 | 30.11 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | 49.28 | 6.34 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 6080 | 18.01 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | 49159 | 2.11 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | 5284.7 | 16.74 |
| بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | 19605 | -0.62 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | 725 | -0.82 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | 5092 | -7.23 |

**ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 205 مىليون 979 مىڭ 600 يۈەن.**

18 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردىن كەلگەن 107 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 239 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمىدىن 477 (مىللىي 448) سى بار. ناھىيىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 102 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 100)، ئوقۇغۇچىسى 30 مىڭ 81 (مىللىي 29 مىڭ 308)؛ مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 1984 (مىللىي 1867)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 11 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 10). ئوقۇغۇچىسى 10 مىڭ 915 (مىللىي 10 مىڭ 262)؛ باللار باغچىسى 2 (مىللىي باغچا بىر)، باغچىدىكى بالا 171 (مىللىي 115)، باغچا ئوقۇتقۇچىسى 36 (مىللىي 23). يېزىلىق مەدەنىيەت - تەنتەربىيە پائالىيەت مەركىزىدىن بىرى، كەنت مەدەنىيەت - تەنتەربىيە پائالىيەت مەركىزىدىن 14ى قۇرۇلدى، 17 مىڭ نۇسخا كىتاب كۆپەيتىلدى. رادىئو ئۇلانمىغان 12 كەنتكە چاستوتىسى تىزگىنلىنىدىغان رادىئو يەتكۈزۈلدى، رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %97كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98كە يەتتى. 785 قېتىم (يېزىلاردا 665 قېتىم) كىنو قويۇلۇپ، 97 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. 1 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، يېزا دەرىجىلىك 5 شىپاخانا قۇرۇلدى. 43 مەمۇرىي كەنتتە ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش يولغا قويۇلدى. ناھىيە بويىچە 21 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى (يەككە ئاپپارات 7)، 400 كەسپىي تېخنىكا خادىمى (مىللىي 334)، 285 كارىۋات بار. 900 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، تەنتەربىيە مەيدانىغا كۆرۈش سۇپىسى، لاپاس، يۈگۈرۈش يولى ياسالدى ۋە ئۆزگەرتىلدى، چىم ياتقۇزۇلدى. 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە ئۈچتۇرپان ناھىيىسىدە ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرىنىڭ ئويۇنئەنۋى خەلقئاراچە چېلىشىش مۇسابىقىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى، ناھىيىنىڭ كوماندىسى قەدىمىي چېلىشىش تۈرىدە 1 - بولدى. تەنتەربىيە خىزمىتى ئاپتونوم رايوننىڭ تەنتەربىيىدە ئىلغار ناھىيە ئۆلچىمىگە يېتىپ، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى.

### خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 907 يۈەنگە، ناھىيە بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 7920 يۈەنگە يەتتى. 1999 - يىلى ناھىيە، يېزا كادىرلىرى سەپەرۋەر قىلىنىپ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئۆيىنى «ئۈچ جەھەتتىن يۇرۇشلەشتۈرۈش» قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلۇپ، 2300 ئائىلىلىك نامرات دېھقان - چارۋىچىنىڭ يېڭى ھويلىسىغا تام چۆرۈپ، 60 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىپ بېرىلدى، ئۇلار ھويلا - ئارامدا 47 مىڭ توخۇ - چارۋا باقتى. ئاپەتكە ئۇچرىغان 119 ئائىلىگە ئۆي سېلىپ بېرىلدى؛ 2 مىليون 630 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، كالا - قوي بورداقچىلىقىنى يولغا قويۇپ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتى ياخشىلاندى. شۇ يىلى 578 ئائىلىدىكى 2195 كىشى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، 1 مىليون 495 مىڭ يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىلدى.

☆ كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئۇچتۇرپان ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ «ئۈن سىگنالى كەنتكە مۇلازىمەت قىلىش ھەرىكىتى» خىزمىتىگە مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى «يېزىلاردا پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش ياش پىدائىيلىرى بويىچە ئىلغار ناھىيە» دېگەن نامنى بەردى.

☆ ناھىيە بويىچە «دۆلەتنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپى قۇرۇلۇشى» تۈرىدىكى 62 مەكتەپ ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى ۋە ناھىيە شىنجاڭ بويىچە سىناق نۇقتىسى قىلىنغان ناھىيىلەر ئىچىدە 1 - بولدى ھەمدە ئاپتونوم رايوننىڭ 2 مىليون يۈەن مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

چېن جىڭيۈەن

## ئاۋات ناھىيىسى

### ئاساسىي ئەھۋالى

ئاۋات ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شىمالىي چېتىگە، ئاقسۇ، زەرەپشان، خوتەن دەريالىرىنىڭ تىنما تۇزلەڭلىكىگە جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1077 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 3، يېزا 5، مەيدان 3. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇسى 172 مىڭ 900 (بىڭتۇەننىڭ ۋە باشقا جايلارنىڭ ناھىيىدە تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىنىڭ نوپۇسى بۇنىڭ سىرتىدا) (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 148 مىڭ 700)؛ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق نوپۇسى 144 مىڭ 300؛ نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 13.1‰. ناھىيە بويىچە 45 مىڭ 600 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 16 مىڭ 400 گېكتار يەرگە (ئېگىز تېرىلغۇسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئاشلىق زىرائىتى، 29 مىڭ گېكتار يەرگە كېۋەز تېرىلدى. كىلىماتى ئىسسىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ئاقسۇ كونا دەرياسى غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇب يۆنىلىشىدە ئاۋات ناھىيىسى سوغىرىش رايونىنىڭ شىمالىي قىسمىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. ئۇ ناھىيىنى سوغىرىدىغان بىردىنبىر دەريادۇر. يىللىق سۇ باشلاش مىقدارى 1 مىليارد 387 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 703 مىليون كۇب مېتىرغا، ناھىيە تەۋەسىدىكى سۇ يۈزى كۆلىمى 2000 گېكتارغا يېتىدۇ. ناھىيىدە 27 مىڭ 867 گېكتار تەبىئىي توغراقلىق، 164 مىڭ 400 گېكتار تەبىئىي بىنەم ئوتلاق بار. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن بۇغا، ياۋا ئېشەك، جەرەن، ئاق قۇ، ئىبار چاشقىنى، ئاق تۇرنا قاتارلىقلار، دورىلىق ياۋايى ئۆسۈملۈكلەردىن چۈچۈكبۇيا، سوغىگۈل، توشقان زەدىكى، كىرەش، يەرمەدىكى قاتارلىقلار بار. كۆل - سازلىقلاردا كۆپ مىقداردا قومۇش ئۆسىدۇ، شورلۇقلاردا مول تۇز ۋە شور بار.

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئاۋات ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: سەي خۇڭلۇ (12 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جۇ جىلىڭ (12 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئاۋۇت داۋۇت.

ھاكىم: مەمەتجان ئابلا.

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئابلەت ياقۇپ.

### يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 584 مىليون 382 مىڭ 200 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 467 مىليون 146 مىڭ 300 يۈەن) گە يەتتى. 95 مىڭ 109 توننا ئاشلىق، 39 مىڭ 670 توننا پاختا، 18 مىڭ 759 توننا قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە ئېلىندى. 800 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، زەرەپشان دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى 10 مىڭ مولۇق ئېكولوگىيىلىك ئورمان بازىسى قۇرۇلۇشىدا دەسلەپكى ئۈنۈم كۆرۈلدى. مۇشۇ يىلى 6044 توننا گۆش، 1804 توننا سۈت،

### خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 46319 | —6.43 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 30384 | —13.30 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 7037 | 7.7 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 8898 | 12.2 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 95109 | —7.57 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 45.53 | 0.86 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 11084 | —15.6 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 116142 | 0.37 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 12158 | 1.80 |
| بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 51822 | —1.17 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 2326 | 9.82 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 6968 | 6.64 |

**ئىزاھ: بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ 1998 - يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 524 مىليون 330 مىڭ يۈەن بولۇشى كېرەك ئىدى.**

1125 توننا تۇخۇم، 488 توننا قوي يۇڭى، 89 مىڭ 300 پارچە قوي، كالا تېرىسى، 134 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 36 مىڭ 775 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت، 2447 توننا سۇلياۋ يوپۇق، يېزا - كەنتلەردە 10 مىليون 990 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئىشلىتىلدى. يېزا - بازار كارخانىسى 3614 بولۇپ، پايدىسى 10 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 3684 يەككە سودا - سانائەتچى بار.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 160 مىليون 965 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 95 مىليون 392 مىڭ يۈەن )گە يەتتى. مۇشۇ يىلى 4 مىليون 380 مىڭ كىلوۋات سائەت توك چىقىرىلدى، 2384 توننا پاختا يىپ، 5390 توننا سۇ يېغى، 30 مىڭ توننا ئۇن، 36 مىڭ 302 توننا ساپ پاختا، 1017 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 12 مىليون دانە خىش، 741 دانە سۇلياۋ يوپۇق يېيىش ماشىنىسى ئىشلەپچىقىرىلدى، 1 مىليون 263 مىڭ كۇب مېتىر تورۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەندى. تۇراقلىق مۈلۈككە 130 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 10 مىليون يۈەنلىك ئەمگەك كۈچى ۋە مەبلەغ سېلىپ، بەشئېرىق يېزىسىنىڭ دەريا بويىدىكى 32 كىلومېتىر كېلىدىغان بۆلىكىگە 50 دانە T شەكىللىك كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش توسمىسى ياسالدى، 100 قۇدۇق قېزىلدى، ناھىيە بازىرىنىڭ «6401» كوچىسىنى ئۆزگەرتىپ ياساش 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشى ئاساسەن پۈتتى. ئۇلتۇراق رايونىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى پۈتتى. ناھىيە بازىرىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىشنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى نورمال ئىشقا كىرىشتى. ناھىيە بويىچە يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 105 مىليون 80 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 96 مىليون 870 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىي مىقدارى 8 مىليون 509 مىڭ يۈەنگە، پروگراممىلىق تېلېفون 6517 توچكىغا، تاۋار سېتىۋېلىش سوممىسى 742 مىليون 438 مىڭ يۈەنگە، سېتىش سوممىسى 621 مىليون 834 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي

تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمىدىن 580 ى بار. ناھىيە 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن پەن - تېخنىكا ئارقىلىق ناھىيىنى گۈللەندۈرۈشتىكى ئىلغار ناھىيە بولۇپ باھالاندى. ناھىيىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 116، ئوقۇغۇچىسى 48 مىڭ 393؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 11، ئوقۇغۇچىسى 14 مىڭ 297، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 2325. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %87كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100كە يەتتى. ناھىيە بويىچە 9 كىنو ئەترىتى، بىر سەنئەت ئۆمىكى، 21 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 490 سەھىيە تېخنىكا خادىمى (دوختۇر 203)، 438 كارىۋات بار. ناھىيە بويىچە يېزا، كەنتلەردە ھەمكارلىشىپ داۋالىنىشنىڭ يولغا قويۇلۇش نىسبىتى %100كە يەتتى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بۇ ناھىيىگە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ناھىيە دەپ نام بەردى.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىمى 1262 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە مائاشى 5914 يۈەنگە يەتتى.

جاڭ چۈەن

# كەلپىن ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

كەلپىن ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىي چېتىگە، قۇرۇقتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان تاشيول مۇساپىسى 1146 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 4. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇسى 40 مىڭ 123 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 39 مىڭ 157)؛ يېزا نوپۇسى 31 مىڭ 651؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰15.1، ئۆلۈش نىسبىتى ‰7.19، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰7.91. ناھىيە بويىچە 3850 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 2510 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 1320 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئىسسىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ئورمان كۆلىمى 37 مىڭ 100 گېكتارغا يېتىدۇ، 275 مىڭ 200 گېكتار تەبىئىي ئوتلاق بار، ئۇنىڭ تولىسى چۆل ئوتلاق. ئەتىۋارلىق ھايۋانلاردىن ئارقار، جەرەن، ئۇلار، تاغ كەكلىكى، دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن چاكاندا، توشقان زەدىكى، يەر مەدىكى، قارلەيلىسى قاتارلىقلار بار. ناھىيە تەۋەسىدە گۈڭگۈرت، گۈڭگۈرتلۈك تۆمۈر، سۇلفۇناتلىق تۆمۈر، گەچ، ھاك تېشى، ئىسلاندىيە شپاتى، بازالت قاتارلىق 18 خىل قېزىلما بايلىق بارلىقى دەسلەپكى قەدەمدە ئېنىقلاندى.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ كەلپىن ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جۇ جېڭ (12 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، نيۇ خەنشىن (12 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: توختى ئىسمائىل.

ھاكىم: مۇتەللىپ نىياز.

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: لىڭ شىيىڭ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 44 مىليون 259 مىڭ 900 يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %3.3 (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) ئاشتى. 14 مىڭ 467 توننا ئاشلىق، 402 توننا ياغلىق دان، 670 توننا پاختا ئېلىندى. 138 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. 60 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى، 533 گېكتار باغ بار، 3256 توننا ئۆرۈك ئېلىندى. 1550 توننا گۆش، 85 توننا سۈت، 127 توننا يۇڭ، 11 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 50 توننا تۇخۇم ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 2 مىليون 107 مىڭ 500 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئۈنۈملۈك سۇغىرىش كۆلىمى 45 گېكتار كۆپەيتىلدى. 1119 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت ئىشلىتىلدى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليون 951 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 2 مىليون 377 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %14.2 ئاشتى. مۇشۇ يىلى 2 مىليون 400 مىڭ كىلوۋات سائەت توك تارقىتىلدى، 270 توننا ئۆرۈك قېقى، 60 توننا خورماقاق، 32 توننا مېغىز سېتىلدى. ئۇراقلىق مۈلۈككە 37 مىليون 510 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 1999 - يىلى چىلان يېزىسىنى ئېچىش قۇرۇلۇشىغا 4 مىليون 605 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە يول ياساشقا سېلىنغىنى 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن، مەكتەپ سېلىشقا سېلىنغىنى 1 مىليون 600 مىڭ يۈەن، سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياساشقا سېلىنغىنى 405 مىڭ يۈەن، سۇ زاۋۇتى قۇرۇشقا سېلىنغىنى 800 مىڭ يۈەن، ئورمان بەرپا قىلىشقا سېلىنغىنى 300 مىڭ يۈەن. مۇشۇ يىلى يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 1

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى ( % ) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 4778.27 | 8.4 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 2428.27 | 3.3 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 326 | 17.3 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 2024 | 13.7 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 14467 | 13.7 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 15.5 | 4.5 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 1722.8 | 8.6 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (تۈمەن كىلوۋات) | | 15436 | 2.5 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 2504 | 47.5 |
| بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 1901.8 | 11.8 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 120 | 33.3 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 3359 | 15.7 |

ئىزاھ: جەدۋەلدىكى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە بولدى.

مىليون 218 مىڭ 200 ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 4 مىليون 923 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، پوچتا - تېلېگراف كەسپىي مىقدارى 1 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى پروگراممىلىق تېلېفون 1112 توچكىغا يەتتى، ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 25 مىليون 40 مىڭ يۈەن، بازار سودىسىدا پۈتۈشۈلگەن سوما 6 مىليون 969 مىڭ يۈەن بولدى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 1560 پەن - تېخنىكا خادىمى بار. بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارى 239. ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 5 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 4)، ئوقۇغۇچىسى 3470 (مىللىي 3438)؛ مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 238 (مىللىي 228)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 22 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 21)، ئوقۇغۇچىسى 7067 (مىللىي 6972)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 515 (مىللىي 493)؛ بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 120 (مىللىي 90). مائارىپ فوندىغا 4 مىليون 809 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى. 3 مىليون 722 مىڭ 900 يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 10 مەكتەپ (چىلان يېزىسىدىكى مەكتەپلەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) سېلىنىدى. ناھىيە بويىچە 5 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 89 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 78)، 88 كارىۋات بار. 1999 - يىلى ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تۈرلۈك تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىدە ناھىيە كوماندىسى 2 ئالتۇن مېدال، 5 كۈمۈش مېدال، 8 مىس مېدال ئالدى.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى يېزىلاردا ئوتتۇرىچە كىرىم 1177.33 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 3236 بولۇپ، ئۇلارغا 22 مىليون 510 مىڭ يۈەن مائاش تارقىتىلدى. ناھىيە بازىرىدا ئىش كۆتۈپ تۇرغان 255 كىشى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. دۆلەت نامراتلىقنى يوللەش پۇلىدىن (ياردەم ئۆسۈملۈك) 13 مىليون 470 مىڭ يۈەن بەردى، 106 ئائىلىدىكى 609 كىشى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

رابىگۈل ساتتار، باھارگۈل ھوشۇر، ئابدۇساتتار ھامىدىن

# قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى

## ئاساسىي ئەھۋالى

قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى ئاپتونوم رايوننىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق

ئورۇندىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1433 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى ئوبلاستتا قاراشلىق شەھەر بىر، ناھىيە 3. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 432 مىڭ 373 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 409 مىڭ 389)، يېزا نوپۇسى 339 مىڭ 342؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 14.7‰، ئۆلۈش نىسبىتى 4.6‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 10.1‰. ئوبلاست بويىچە 41 مىڭ 450 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 35 مىڭ 600 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز ئورنى تېرىلغۇ كۆلىمىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 7600 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى كىلىماتىغا كىرىدۇ.

قىزىلسۇ ئوبلاستىدا داڭلىق مېۋىلەردىن ئەنجۈر، ئانار، مۇناقى ئۈزۈم ۋە بارىن گۈلىسى بار. ئوبلاست بويىچە يەر ئۈستى سۈيىنىڭ ئېقىن مىقدارى 7 مىليارد 962 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ، بىراق دەريالارنىڭ كۆپىنچىسى تاغلىق رايونلاردا بولغانلىقتىن سۇ باشلاش قىيىن، سۇدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى ئىنتايىن تۆۋەن. تاغلىق رايون ۋە دەريا ۋادىلىرىدا تەخمىنەن 37 مىڭ 800 گېكتار تەبىئىي ئورمان بار، ئاساسلىق دەرەخ تۈرلىرىدىن شەمشاد، ئاق قېيىن قاتارلىقلار بار، دەريا ۋادىلىرىدىكى ئىككىلەمچى ئورمانلىقتا كۆپىنچە يۇلغۇن، جىغان قاتارلىقلار ئۆسىدۇ. 3 مىليون 330 مىڭ گېكتاردىن كۆپرەك ئوتلاق بار. ئوبلاست تەۋەسىدە دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان هايۋانلاردىن قارالەيلەك، ئاق لەيلەك، 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان هايۋانلاردىن 14 خىلى بار. دورىلىق ئۆسۈملۈك بايلىقى مول بولۇپ ئىچىپ پايدىلىنىش قىممىتى بارلىرىدىن چۈچۈكبۇيا، ئەڭلىكئوت، ھىلىڭ، چاكاندا، يەرمەدىكى، قومۇش يىلتىزى قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلاردىن ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، تۆمۈر، مانگان، خروم، قوغۇشۇن، سىنىك، كۆمۈر، نېفىت، مەرمەرتاش، چىرىمتال، تاشپاختا، گرافىت قاتارلىق 30 خىلى بار. قوغۇشۇن بىلەن سىنكنىڭ زاپىسى شىنجاڭ بويىچە 1 - ئورۇندا تۇرىدۇ. پيېزو ئېلېكترىك كرىستالنىڭ زاپىسى شىنجاڭ بويىچە ئومۇمىي زاپاس مىقدارىنىڭ 90%تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: چۇ ۋېنجى؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: ئاسانبېك تۇردى (قىرغىز)، مەمەت ھەسەن توختالى (قىرغىز)، ليۇ جيەنچياڭ، مەمەت نۇر، شىن رۇڭشيەن، ۋۇ جيۇن (12 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى).

10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئاسانبېك تۇردى (قىرغىز)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ۋاڭ چېڭشيەن، ياۋ پېيجى (ئاپال)، ئەلى ئىسمائىل، سادىر روزى (قىرغىز)، ئىمام ھەسەن.

ئوبلاست باشلىقى: مەمەت ھەسەن توختالى (قىرغىز)؛ مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقلىرى: ۋاڭ شىنخۇەي، مەمەت مۇسا سارىق (قىرغىز)، ۋاڭ شيەنبىي، ئىمام نامەت.

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ھامۇت ياقۇپ؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: جۇ شىنمىڭ، ئامىنە ئابدۇراخمان، شيا باۋچىڭ، ئابدۇكېرىم ئابلا (قىرغىز)، نىياز قارى (قىرغىز).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى ئوبلاست بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 614 مىليون 463 مىڭ 700 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 384 مىليون 561 مىڭ 300 يۈەن) بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 2.8% ئازايدى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 172 مىڭ 738 توننا ئاشلىق، 3619 توننا ياغلىق دان، 4095 توننا پاختا ئېلىندى. 257 گېكتار يەردە كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىندى، پارچە - پۇرات يەرلەرگە 1 مىليون 260 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى، 63 گېكتار يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى. بىر يىلدا 17 مىڭ 826 توننا گۆش، 1514 توننا يۇڭ، 759 مىڭ 157 پارچە تېرە، 146 توننا سۈت مەھسۇلاتى، 574 توننا تۇخۇم ئېلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تىجارەت كىرىمى 210 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى (يېڭى بەلگىلىمە بويىچە) 187 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 1.6% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئوبلاست قارىمىقىدىكى سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 154 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 3.3% ئاشتى؛ دۆلەت سانائىتىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 107 مىليون 770 مىڭ يۈەن بولۇپ، 0.5% تۆۋەنلىدى؛ غەيرىي دۆلەت سانائىتىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 79 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 3.3% ئاشتى. . بارلىق سانائەت كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى ئىچىدە يېنىك سانائەت كارخانىلىرىنىڭ 48 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 3.7% ئاشتى؛ ئېغىر سانائەتنىڭ 138 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 0.7% ئاشتى. يېزا ۋە يېزا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 146 مىليون 380 مىڭ يۈەن بولۇپ، 5% تۆۋەنلىدى؛ يېزا دەرىجىلىكتىن تۆۋەن سانائەت كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 40 مىليون 830 مىڭ

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 53362 | 6.5 |
| يۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 21969 | 4.4 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 8789 | 33.5 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 22604 | 10.1 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 172738 | 6.5 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 142.22 | —0.1 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 19638 | 6.51 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 99516 | 2.41 |
| تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن دوللار) | | 4953 | —3.6 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 22592 | 2.9 |
| شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (100 مىليون يۈەن) | | 6.16 | 10.6 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 3981 | 12.2 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 34121 | 11.83 |

**ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 500 مىليون 949 مىڭ 100 يۈەن.**

يۈەنگە يېتىپ، %2. 26 ئاشتى. مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %101.7 بولۇپ، 2.8 پىرسەنت پوئىنتى ئاشتى. مەھسۇلاتلارنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئامبار قالدۇقى 6 مىليون 40 مىڭ يۈەن بولۇپ، %12.1 تۆۋەنلىدى. مۇشۇ يىلدا 69 مىليون 230 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 116 مىڭ 600 توننا كۆمۈر، 154 مىڭ 600 توننا سېمونت، 1520 توننا ئىلغانغان مىس رۇدىسى، 9. 28 كىلوگرام ئالتۇن، 96 مىليون 900 مىڭ دانە خىش، 11 مىڭ 109 توننا ئىنچىكە پىششىقلانغان تۇز، 15 مىڭ 104 توننا تۇز، 1749 توننا سۇ يېغى، 50 مىڭ 700 توننا ئۇن، 432 توننا ئارىلاشما بوغۇز، 4807 توننا ساپ پاختا ئىشلەپچىقىرىلدى. ئوبلاستقا قاراشلىق دۆلەت، كوللېكتىپ بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 88 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە يەتتى. جەمئىيەت بويىچە ئۇراقلىق مۇلۇككە 230 مىليون 740 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئاساسلىق ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تۈرلىرىگە سېلىنغان مەبلەغ 6 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 412 مىليون 350 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 606 مىليون 730 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 25 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە، يەتكۈزۈلگەن خەت - چەك 413 مىڭ دانىگە، گېزىت - ژۇرنال 4 مىليون 390 مىڭ پارچىگە يەتتى. تېلېفون كوممۇتاتورىنىڭ سىغىمچانلىقى 28 مىڭ 984 تۇچكىغا يەتتى؛ ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون يولىدىن 1008ى كۆپەيدى، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون توك يولى 38گە يەتتى. شەھەرلەردىكى تېلېفون ئابونېنتلىرى 13 مىڭ 122گە، يېزىلاردىكى تېلېفون ئابونېنتلىرى 4193 كە، يانتېلېفون ئابونېنتلىرى 1270كە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ئوبلاستتىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 233 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 228)، ئوقۇغۇچىسى 80 مىڭ 409 (مىللىي 77 مىڭ 242)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 53 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 49)، ئوقۇغۇچىسى 27 مىڭ 836 (مىللىي 26 مىڭ 456)؛ چارۋىچىلىق رايونىدىكى ياتاقلىق مەكتەپ 37، ئوقۇغۇچىسى 10 مىڭ 773؛ رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوبلاستلىق شۆبىسى بىر، ئوقۇغۇچىسى 764؛ ھەرخىل

ئوتتۇرا تېخنىكوم 3، ئوقۇغۇچىسى 1236 (مىللىي 996)؛ باللار باغچىسى 4، باغچىدىكى بالا 2543 (مىللىي 1984). ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 6432 (مىللىي 5783). سەنئەت ئۆمىكى 5 بولۇپ، بىر يىلدا 442 قېتىم ئويۇن قويدى، 70 مىڭ ئادەم (قېتىم) ئويۇن كۆردى. كۇتۇپخانا 3، ساقلىنىۋاتقان كىتاب 1 مىليون 323 مىڭ دانە، ئوبلاست بويىچە 640 مەيدان كىنو قويۇلدى، تاماشىبىن سانى 55 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. ئوبلاست بويىچە بىر تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، 34 سۈنئىي ھەمراھ يەر يۈزى قوبۇللاش پونكىتى، 4 سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بار. رادىئو - تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 85%كە يەتتى. «قىزىلسۇ گېزىتى» قىرغىز، ئۇيغۇر، خەنزۇ يېزىقلىرىدا چىقىرىلىپ، 1 مىليون پارچىدىن كۆپرەك تارقىتىلدى. قىزىلسۇ قىرغىز نەشرىياتى مۇشۇ يىلدا 9 خىل كىتاب نەشر قىلىپ 9753 نۇسخا تارقاتتى. ئوبلاست بويىچە 92 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى (دوختۇرخانا 43)، 2028 سەھىيە كەسپىي تېخنىكا خادىمى، 1510 كارىۋات بار. 1999 - يىلى ئوبلاست تەنھەرىكەتچىلىرى مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تۈرلۈك مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىپ، 9 ئالتۇن مېدال، 6 كۈمۈش مېدال، 7 مىس مېدال ئالدى. 66 مىڭ 873 كىشى ئومۇمىي خەلق ساغلاملىق ئۆلچىمىگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 57 مىڭ 980 كىشى لاياقەتلىك بولدى. 56 قېتىم ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە قاتناشقانلار 28 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى.

### خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى ئوبلاست بويىچە دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 942 يۈەن بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 14.4% تۆۋەنلەپ كەتتى. يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 36 مىڭ 700 (دۆلەت ئورۇنلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 34 مىڭ 930) بولۇپ، يىللىق پۇل مائاشى 75 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا كەسپىي سوممىسى 11 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى 2641 دېھقان - چارۋىچى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. ئىش كۈتۈپ تۇرغانلار، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر ۋە باشقىلاردىن 1241 كىشى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

☆ جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولى پۈتۈپ، 12 - ئاينىڭ 6 - كۈنى قاتناش باشلاندى، ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق ئاتۇش شەھىرىدىمۇ ۋوگزال پۈتۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى.

سۇ جىڭبو

## ئاتۇش شەھىرى

### ئاساسىي ئەھۋالى

ئاتۇش شەھىرى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1430 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق يېزا 7، دېھقانچىلىق مەيدانى 3، چارۋىچىلىق فېرمىسى بىر، مەھەللە ئىش باشقارمىسى 2. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 190 مىڭ 900 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 177 مىڭ 800)، يېزا نوپۇسى 149 مىڭ 400؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 15.12‰، ئۆلۈش نىسبىتى 3.99‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 11.13‰. شەھەر بويىچە 15 مىڭ 10 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى 12 مىڭ 800 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائەتتى (ئېگىز ئورنى تېرىلغۇسى 2053.33 گېكتار)، 1450 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ئاتۇش شەھىرىدە داڭلىق ئالاھىدە مەھسۇلاتلاردىن ئەنجۈر، مۇناقى ئۈزۈم قاتارلىقلار بار. داڭلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرى، ئۈچ بۇرخان مىڭئۆيى بار. تەۋەسىدە ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن قوڭغۇر ئېيىق، يىلپىز، ئۇلار قاتارلىقلار بار. دورىلىق ياۋا ئۆسۈملۈكلەردىن چۈچۈكبۇيا، قانتېپەر، مەرزەنجۇش بار، قېزىلما بايلىقلاردىن ئالتۇن، مىس، قوغۇشۇن، كۆمۈر، تۆمۈر، گەج قاتارلىقلار بار.

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئاتۇش شەھەرلىك 3 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: دۇڭ شياڭجۇن.

5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابدۇراخمان ھاجى.

شەھەر باشلىقى: ئەنۋەر تۇردى.

سىياسىي كېڭەش 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: سوبۇر ئابىت.

### يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى شەھەر بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 151 مىليون 680 مىڭ 200 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا) بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 3.2% تۆۋەنلىدى. شەھەر بويىچە 2053.33 گېكتار يەردە ئېگىز

## خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 ـ يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 37090 | 25.67 |
| يۈنىلىش ئىچىدە: | 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 14055 | −6.12 |
| | 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 6746 | 54.19 |
| | 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 16289 | 60.19 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (تونا) | | 63256.5 | 9.45 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 37.84 | 3.87 |
| يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 13261 | 5 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 13063 | 3.24 |
| شەھەر ـ يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 47726 | 21.84 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 2011 | 11.23 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 8526 | 10.77 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 266 مىليون 661 مىڭ 300 يۈەن.

ئورنىغا سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كۆممىقوناق تېرىش تېخنىكىسى كېڭەيتىلدى. 63 مىڭ 6.256 تونا ئاشلىق، 578 تونا ياغلىق دان، 1365 تونا پاختا (ساپ پاختا) ئېلىندى. 557 گېكتار يەردە لاياقەتلىك ئورمان بەرپا قىلىندى. شۇ يىلى 489 گېكتار يەرگە مۇناقى ئۈزۈم كۆچىتى تىكىلدى. بىر يىلدا 5071 تونا گۆش، 197 مىڭ 800 پارچە تېرە ئېلىندى. ئېتىز ـ ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 21 مىليون 215 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 75 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسالدى، 1333.33 گېكتار يەر تۈزلەندى، 800 گېكتار بوزيەر ئېچىلدى. شەھەردىكى يېزا ـ بازار كارخانىسى 8290 بولۇپ، كىرىمى 138 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 38 مىليون يۈەن (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا) گە يېتىپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن %2.7 ئاشتى، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 20 مىليون 546 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %93 ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 3 مىليون 470 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 10 مىڭ 669 تونا تۇز، 9200 تونا ئۇن، 240 تونا سۇ يېغى، 56 مىليون 930 مىڭ دانە خىش ئىشلەپچىقىرىلدى، 1957 تونا پاختا چىقىرىلدى، 3 مىليون 570 مىڭ تونا تۇرۇبا سۈيى تەمىنلەندى، 461 تونا بال قاق ئىشلەپچىقىرىلدى. بىر يىلدا تۇراقلىق مۈلۈككە 165 مىليون 940 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يوللۇچى ئوبوروت مىقدارى 145 مىليون 500 مىڭ ئادەم ـ كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 574 مىليون 80 مىڭ تونا ـ كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 410 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 14 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە، پروگراممىلىق تېلېفون 11 مىڭ 216 توچكىغا يەتتى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 7 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە، بازار سودىسىدا پۇتۇشۇش سوممىسى 56 مىليون يۈەنگە يەتتى.

### پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

شەھەر بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن ـ تېخنىكا خادىمدىن 800 ى (مىللىي 615) بار. شەھەرگە بىۋاسىتە قاراشلىق بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 1042 (مىللىي 790)؛ شەھەردىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 84، ئوقۇغۇچىسى 31 مىڭ 991 (مىللىي 30 مىڭ 865)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 16 (ھەممىسى مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ)، ئوقۇغۇچىسى 13 مىڭ

678. شەھەر تەۋەسىدىكى ھەرخىل ئوقۇغۇچىسى 3003 (سىللىي 2913). رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %80كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %90كە يەتتى. شەھەر بويىچە 10 تېببىي داۋالاش ـ سەھىيە ئاپپاراتى، 518 سەھىيە تېخنىكا خادىمى (سىللىي 477)، 377 كارىۋات بار.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 ـ يىلى دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 1107 يۈەنگە يەتتى. شەھەر بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچى 10 مىڭ 58 بولۇپ، ئۇلارغا بىر يىلدا 70 مىليون 520 مىڭ يۈەن مائاش تارقىتىلدى. بىر يىلدا قىلىنغان سۇغۇرتا تىجارەت سوممىسى 3 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە، يېزا ئىگىلىك سۇغۇرتىسى كىرىمى 260 مىڭ يۈەنگە، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى كىرىمى 8 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

لى شاۋلەن، دېڭ لى

# ئاقچى ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

ئاقچى ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى توشقان دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1180 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 ـ يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 5، مەيدان 3. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 34 مىڭ 579 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 32 مىڭ 39)، يېزا نوپۇسى 10 مىڭ 106؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰3 .14، ئۆلۈش نىسبىتى ‰46 .3، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰84 .10. ناھىيە بويىچە 07 .3639 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 53 .2948 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 87 .677 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ئاقچى ناھىيىسى تەۋەسىدە توشقان دەرياسى، ھۆسەنقۇش دەرياسى قاتارلىق 25 دەريا ـ ئېقىن بار، يىللىق ئەڭ يۇقىرى ئېقىن مىقدارى 3 مىليارد 740 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 844 مىڭ 700 گېكتار تەبىئىي ئوتلاق بار. تاغلىق رايونلاردىكى تەبىئىي ئورمان كۆلىمى 33 .4853 گېكتار بولۇپ، ئاساسلىق دەرەخ تۈرلىرىدىن شەمشاد بار. دورىلىق ئۆسۈملۈكلىرى 23 خىل بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە چۇچۇكبۇيا، قىزىل يوپۇرماقلىق ئەمەن، ئارپىبەدىيان قاتارلىقلار كۆپ چىقىدۇ، دورىلىق قىممىتىمۇ يۇقىرى. تەۋەسىدە 25 خىل ياۋايى ھايۋان بار بولۇپ، قوغدىلىدىغان ئەتىۋارلىق ھايۋانلاردىن ئارقار، جەرەن، سۇلەيسۇن، ئۇلار قاتارلىقلار بار. تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىق 10 خىل بولۇپ، ئاساسلىقى سېرىقپىنتىن، گەج، مەرمەر، ئىسلاندىيە شپاتى، مانگانلىق تۆمۈر، تۆمۈر، ئالتۇن قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئاقچى ناھىيىلىك 7 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: پېڭ ئېيمىن.

12 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مەمەت تۇرسۇن قۇرمانباي (قىرغىز).

ھاكىم: تۆكەن ئىگەمبەردى (قىرغىز).

سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: تۇرسۇنجان مەمەت ئاخۇن (قىرغىز).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 ـ يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 59 مىليون 351 مىڭ 800 يۈەن (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 39 مىليون 577 مىڭ 900 يۈەن) گە يېتىپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن %4 .11 ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 11 مىڭ 66 .515 توننا ئاشلىق، 9 .764 توننا ياغلىق دان ئېلىندى. 67 .83 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. 2737 توننا گۆش ئېلىندى. بىر يىلدا ئېتىز ـ ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 3 مىليون 437 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شۇ يىلى پۈتكەن چوڭ تۈرلەردىن ئۇزۇنلۇقى 14 كىلومېتىر كېلىدىغان قولانسارىغ 1 ـ، 2 ـ سۇ سىگمەس غول ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى؛ 1.2 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تونىلنىڭ ئىچىنى قويۇپ چىقىش قۇرۇلۇشى؛ سۇمتاش يېزىسىدا بىر ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىش قۇرۇلۇشى؛ سۇمتاش، ساپارباي يېزىلىرىدىكى سۇ ئىگىلىك قۇرۇلۇشى قاتارلىقلار بار. 67 .686 گېكتار يەر تۈزلەندى، 94 .281 كىلومېتىر ئېرىق رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، 7 كىلومېتىر ئېرىقنىڭ لېيى تازىلاندى، 30 گېكتار بوزيەر ئېچىلدى، 3620 گېكتار سۇغىرىش كۆلىمى يېڭىدىن كۆپەيدى. 33 .333 گېكتار ئوتلاق ياخشىلاندى. ناھىيىدىكى يېزا ـ بازار كارخانىسى 24 بولۇپ، كىرىمى13 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليون 874 مىڭ يۈەن (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 3 مىليون 784 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن %13 .20 ئاشتى؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 582 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %4 .135 ئاشتى، مۇشۇ بىر يىلدا 1 مىليون 500 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 6882 توننا ئۇن، 366

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 6700 | 79.05 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | 11515.66 | 12.55 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | 24.1 | 2.95 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 1190 | 9.98 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | 5773 | 6.04 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | 2261.4 | 1.86 |
| بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | 2625 | 4 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | 254 | 10.92 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | 2714 | —22.01 |

ئىزاھ: جەدۋەلدىكى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ 1998 - يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 10 مىليون 820 مىڭ يۈەن، ئومۇمىي كىرىمى 12 مىليون 470 مىڭ يۈەن بولۇشى كېرەك.

توننا سۇ يىغى، 2000 توننا بارىت، 2000 توننا كۋارتس تېشى، 7 كىلوگرام ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 13 مىليون 410 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شۇ يىلى قۇرۇلۇۋاتقان تۈر 22 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن قۇرۇلغىنى 16، داۋاملاشتۇرۇلغىنى 6. پۈتكەن قۇرۇلۇش 19، كۆلىمى 19 مىڭ 800 كۋادرات مېتىر، سېلىنغان مەبلەغ 13 مىليون 410 مىڭ يۈەن. «سېشىياڭ جىنيۈەن» ھاراق زاۋۇتى 5 - ئايدا پۈتۈپ، «توشقان دەريا يىگىتى ھارىقى» قاتارلىق 5 خىل ئاق ھاراقتىن 15 توننا ئىشلەپچىقاردى. ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يېڭىدىن سېلىنغان بىرلەشمە بىناسى 10 - ئايدا پۈتتى، بۇ بىنانىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 4200 كۋادرات مېتىر بولۇپ، بىر يىلدا 3 مىليون 780 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 40 مىليون 80 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 8 مىليون 900 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 231 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 920 مىڭ يۈەنگە، پروگراممىلىق تېلېفون 962 توچكىغا يەتتى. بازار سودىسىدا پۈتۈشۈش سوممىسى 1 مىليون 654 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى (دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققانلار بۇنىڭ سىرتىدا) 160 (مىللىي 125). ناھىيىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 25، ئوقۇغۇچىسى 6336 (مىللىي 6044)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 436 (مىللىي 396)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 7، ئوقۇغۇچىسى 1897 (مىللىي 1504)، ئوقۇتقۇچىسى 155 (مىللىي 140). شۇ يىلى 14 مەكتەپ، 8 ئوقۇتۇش نۇقتىسى رېمونت قىلىندى ۋە ئۆزگەرتىپ سېلىنىپ، 11 مىڭ 211 كۋادرات مېتىر كۆلەملىك كېمەك تام قۇرۇلۇشى قىلىندى، بۇلارغا 6 مىليون 670 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %45كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %76.86كە يەتتى. ناھىيە بويىچە 13 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 217 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 145 كارىۋات بار.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 998 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق

ئوتتۇرىچە پۇل ماياشى 7267 يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا كەسپىنىڭ شۇ يىللىق سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 350 مىڭ يۈەنگە يەتتى، مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىدا 100 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى؛ جىسمانىي سۇغۇرتىدا 10 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى، سۇغۇرتىنىڭ قەرەللىك توشۇپ چىقىم قىلىپ بېرىلگەن پۇل 5000 يۈەن. 719 كىشى سۇغۇرتا ھەققىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى. ناھىيە بويىچە 388 ئائىلىدە 1953 نامرات ئادەم بولۇپ، ئەمەلىيەتتە 226 ئائىلىدىكى 1154 ئادەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. 162 ئائىلىدىكى 799 ئادەم تەبىئىي ئاپەت تۈپەيلىدىن قايتىدىن نامراتلىشىپ كەتتى.

پېڭ جۈن

# ئۇلۇغچات ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

ئۇلۇغچات ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي بۆلىكى بىلەن كۇئېنلۇن تېغىنىڭ تۇتىشىدىغان يېرىگە جايلاشقان. شىمالىي قىسمىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1500 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 9، مەيدان بىر. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 43 مىڭ 123 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 39 مىڭ 477)، يېزا نوپۇسى 25 مىڭ 769؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 17.74‰، ئۆلۈش نىسبىتى 5.21‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 12.53‰. ناھىيە بويىچە 3638.8 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 2384.6 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 136.73 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق چۆل كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ئۇلۇغچات ناھىيىسىدە قېزىلما بايلىق مەنبەسى مول، ھازىرچە تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىق 24 خىل بولۇپ، 58 جايغا تارقالغان، بۇنىڭ ئىچىدە 10 خىلنىڭ خېلى كۆپ سانائەت زاپىسى بارلىقى ئىسپاتلاندى. بۇلار 34 جايغا تارقالغان بولۇپ، چوڭ ئالتۇن كېنى بىر، 4 يەردە ئوتتۇراھال كان ياتقىسى بار، قالغانلىرى كىچىك كان ياتقىلىرى، ئاساسلىق قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، نېفىت، مايلىق سلانىتس، تۆمۈر، مىس، قوغۇشۇن، سىنىك، كېپەك ئالتۇن، ئالتۇن رۇدىسى، سېرىق تۆمۈر رۇدىسى قاتارلىقلار بار. كۆمۈرنىڭ زاپىسى 33 مىليون 428 مىڭ 100 توننىغا، تۆمۈر رۇدىسىنىڭ زاپىسى 3 مىليون 352 مىڭ توننىغا، رۇدا تەركىبىدىكى تۆمۈر مىقدارى 48% — 67% كە يېتىدۇ.

ئۇلۇغچات ناھىيىسىدىكى تورغات پورتى يىللىق مال ئۆتكۈزۈش مىقدارى جەھەتتە ئاپتونوم رايون بويىچە 3 - ئورۇندا تۇرىدۇ؛ ئېركەشتام پورتى دۆلەتنىڭ 1 - دەرىجىلىك پورتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئۇلۇغچات ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: خې جيەنجۈن.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: توختى مەمەت ماتەن (قىرغىز).

ھاكىم: پەرھات تۆلمىش (قىرغىز).

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: چېن جيەنشىن.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 56 مىليون 389 مىڭ 500 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 38 مىليون 585 مىڭ 600 يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 1.07% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 8206 توننا ئاشلىق، 221 توننا ياغلىق دان ئېلىندى. 107.36 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. 3555 توننا گۆش، 1852 توننا سۈت، 360 توننا يۇڭ، 177 مىڭ 655 پارچە تېرە ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 1 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، قوزغۇن غول ئۆستىڭى، ياشلار ئۆستىڭى قاتارلىق ئاساسلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى تاماملاندى. ناھىيە بويىچە سۇغىرىش كۆلىمى 12 مىڭ 600 گېكتار بولۇپ، يېڭىدىن كۆپەيگىنى 50 گېكتار. 30 گېكتار بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈلدى. 933.3 گېكتار ئوتلاق يېڭىدىن قاشالاندى. ناھىيىدىكى يېزا - بازار كارخانىسى 991گە، كىرىمى 21 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 35 مىليون 698 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 317.98% ئاشتى؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 11 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى 39 مىليون 180 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 9400 توننا كۆمۈر، 1000 توننا كوكس، 910 توننا گۈڭگۈرتلۈك تۆمۈر رۇدىسى، 23 مىڭ 700 توننا تۆمۈر رۇدىسى، 21 مىڭ 700 توننا خاڭ تېشى ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 36 مىليون 250 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 2 مىليون 770 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 14 مىليون 150 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 10347.18 | 64.36 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 3530.57 | -2.03 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 2969.14 | 60.50 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 3847.47 | 9.56 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 8206 | 8.59 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 28.09 | -4.31 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 1624 | 9.88 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 10266 | 8.67 |
| تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن دوللار) | | 701 | 15.30 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 2681 | 6.26 |
| بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 3753 | -38.78 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 449 | 13.10 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 4213 | 3.44 |

يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 873 مىڭ 600 يۈەنگە، پروگراممىلىق تېلېفون 2166 گە يەتتى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 1 مىليون 954 مىڭ 600 يۈەنگە، بازار سودىسىدا پۈتتۈشۈش سوممىسى 4 مىليون 455 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 178 (ئوقۇتقۇچى 137). «پەن - تېخنىكا قىشى» پائالىيىتى پائال قانات يايدۇرۇلۇپ، بىر يىلدا 28 قارار تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى، 3207 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى. شۇ يىلى ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پەن تەتقىقات تۈرلىرىدىن سۇلياۋدىن ئىسسىق قوتان ياساش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش، چارۋا ماللارنىڭ سورتىنى ياخشىلاش، كالا - قويلارنى تېز بورداش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىشتىن ئىبارەت 3 تۈر شۇ يىلى تاماملاندى. ناھىيىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 9 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 7)، ئوقۇغۇچىسى 2839 (مىللىي 2678)، ئوقۇتقۇچىسى 235 (مىللىي 200)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 23 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 21). ئوقۇغۇچىسى 7260 (مىللىي 6835)، ئوقۇتقۇچىسى 553 (مىللىي 501). مائارىپ خىزمىتىدە دۆلەتنىڭ نامرات رايونلاردا مەجبۇرىيەت مائارىپىنى يولغا قويۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلىيلىشىشى چىڭ تۇتۇلدى. بىر يىلدا 7000 كۋادرات مېتىردىن كۆپرەك سىنىپ - ياتاق سېلىندى، 15 مىڭ كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق سىنىپ - ياتاق ئۆزگەرتىپ سېلىندى ۋە رېمونت قىلىندى. مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 6 مىليون 90 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %85كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %85كە يەتتى. شۇ يىلى ئىككىنى ھىمايە قىلىش كۆرگەزمە زالى ۋە ۋۇ دېڭيۈننىڭ ئىش - ئىزلىرى كۆرگەزمە زالى قۇرۇلدى. ناھىيە بويىچە 18 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى (دوختۇرخانا 2)، 335 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 297 كارىۋات بار. 1999 - يىلى ئابدىمەمەت ئاپتونوم رايونلۇق 2 - نۆۋەتلىك مېيىپلار

تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، چويۇن توپ، دېسكا، نەيزە ئېتىشتىن ئىبارەت 3 تۈردە 1 - بولدى؛ ئالىمپىك ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك ياشلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، خەلقئاراچە چېلىشىش مۇسابىقىسىنىڭ ئەركىن چېلىشىش تۈرىدە 46 كىلوگراملىقلار بويىچە 2 - بولدى.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرمۇش خىراجىتى كىرىمى 4547 يۈەنگە، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1078 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 6857 يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا كەسپىنىڭ يىللىق سۇغۇرتىلاش سوممىسى 76 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 700 مىڭ يۈەنگە، جىسمانىي سۇغۇرتىنىڭ سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 270 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىدا 770 مىڭ يۈەن، جىسمانىي سۇغۇرتىدا 350 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى. 3039 كىشى ياشانغانلار كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا، 2272 كىشى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى. شۇ يىلى 262 ئائىلىدىكى 1359 كىشى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. ناھىيە بازىرىدا باغۋارانلاشتۇرۇلغان كۆلەم 25 .86 گېكتارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە بازىرىنىڭ ئەتراپىدىكى ئايلانما ئورمان بەلۋىغى 12 .64 گېكتار.

يالڭ ئەيخۇا

# ئاقتۇ ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

ئاقتۇ ناھىيىسى پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي شىمالىغا، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1545 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 11، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق مەيدانى 2. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 163 مىڭ 789 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 160 مىڭ 62)، يېزا نوپۇسى 145 مىڭ 678؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰92. 15، ئۆلۈش نىسبىتى ‰28. 5، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰64.،10. ناھىيە بويىچە 18 مىڭ 800 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 17 مىڭ 400 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائەتى، 4953 گېكتار يەرگە كېۋەز تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقچىلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ئاقتۇ ناھىيىسى يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق ناھىيىسى. ناھىيە تەۋەسىدە داڭلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن مۇزتاغ چوققىسى، قوڭغۇر چوققىسى، قوڭغۇر تۆپە چوققىسى بار، تاغ باغرىدا قاراكۆل كۆلى بار. ناھىيە تەۋەسىدە گەز دەرياسى، كۆسەن دەرياسى قاتارلىق دەريا - ئېقىنلىرى، چوڭ - كىچىك مۇزلۇق ۋە قارلىق چوققىدىن 66 سى بار، مۇزلۇق كۆلىمى 600 كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. دورىلىق ياۋا ئۆسۈملۈكلەردىن چاكاندا، ئالقات، قانتېپەر، زارالىزا، چۈچۈكبۇيا قاتارلىق 16 خىلى بار. قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى تۆمۈر، قوغۇشۇن، سىنىك، مىس، ئالتۇن قاتارلىق 15 خىل مېتال ۋە كۆمۈر، خرۇستال قاتارلىق 18 خىل غەيرىي مېتال كېنى بار. ئەتىۋارلىق ھايۋانلىرىدىن قوڭغۇر ئېيىق، يىلپىز، ئارقار، جەرەن، ئۆلار، ئاق قۇ قاتارلىقلار بار. پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئوتلاق كۆلىمى 636 مىڭ 500 گېكتار، ئورمان كۆلىمى 7. 966 گېكتار، ئاساسلىق دەرەخ تۈرلىرىدىن قارلىق تاغ شەمشادى، قارىغاي، شىنجاڭ تېرىكى قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئاقتۇ ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ليۇ جۈنخەي.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مەمەت پالتا.

ھاكىم: ئەزىمجان ئابدۇللا (قىرغىز).

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: تۇرسۇن قۇربان.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 249 مىليون 480 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 154 مىليون يۈەن) بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن %26. 6 ئۆسۈپ، ئاشلىق 91 مىڭ توننا، ياغلىق دان 2054 توننا، پاختا 2730 .3 توننا ئېلىندى. ناھىيە بويىچە چارۋىلارنىڭ تاۋارلىشىش نىسبىتى %6. 41كە يەتتى. بىر يىلدا 6463 توننا گۆش، 5128 توننا سۈت، 391 توننا يۇڭ، 271 مىڭ 800 پارچە تېرە ئېلىندى. 6. 780 گېكتار يەردە لاياقەتلىك ئورمان بەرپا قىلىندى. 5. 28كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 7 سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسالدى، 800 گېكتار بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈلدى، سۇغىرىش كۆلىمى 530 گېكتار كۆپەيدى، 2170 .7 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى. ناھىيىدىكى يېزا - بازار كارخانىسى 4488گە، كىرىمى 35 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە

### خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 1.96 | —0.6 |
| يۇنىڭ ئىچىدە: 1 - كەسپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 1.03 | —14.38 |
| 2 - كەسپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 0.3 | 21.16 |
| 3 - كەسپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 0.63 | 19.8 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | 9.01 | 8.98 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | 52.18 | 2.11 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 3511 | 21.07 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | 42832 | 7.91 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | 4515 | 0.94 |
| بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | 10278 | 2.14 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | 982 | 11.59 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | 6130 | 11.66 |

يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 38 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %9.4 ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 14 مىليون 970 مىڭ كىلوۋات سائەت توك تارقىتىلدى، 13 مىليون 200 مىڭ كىلوۋات سائەت توك بىلەن تەمىنلەندى، 21 مىڭ 927 توننا كۆمۈر، 16 مىڭ 725 توننا سېمونت، 20 مىڭ 600 دانە خىش، 400 توننا تۇز، 1700 توننا ئۇن، 432 توننا ئارىلاشما بوغۇز، 40 توننا بال قاق، 950 كۋادرات مېتىر گىلەم ئىشلەپچىقىرىلدى، 2850 توننا پاختا چىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 46 مىليون 430 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بىر يىلدا يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 260 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 10 مىليون 500 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە يەتتى، پوچتا - تېلېگراف كەسپىدىن 2 مىليون 480 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى، 2834 پروگراممىلىق تېلېفون ئورنىتىلدى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 45 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بازار سودىسىدا پۇتۇشۇلگەن سومما 24 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئانغقا چىقىش جەمئىيىتى ساياھەتچىلىكتىن 550 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدى.

### پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

1999 - يىلى ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمىدىن 147 سى (مىللىي 136) بار. ئوبلاست دەرىجىلىك پەن تەتقىقات تۈرىدىن بىرى تاماملاندى. ناھىيىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 92 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 91)، ئوقۇغۇچىسى 31 مىڭ 975 (مىللىي 31 مىڭ 421)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 18 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 17)، ئوقۇغۇچىسى 5934 (مىللىي 5738). ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 1664 (مىللىي 1606)، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 1257 (مىللىي 1218). 1999 - يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 3 مىليون 435 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %80كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %80كە يەتتى. ناھىيە بويىچە 19 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 341 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 276)، 289 كارىۋات بار. قىزىلسۇ

ئوبلاستى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن چېلىشىش مۇسابىقىسىدە ناھىيە تەنھەرىكەتچىلىرى 2 ئالتۇن مېدال، بىر كۈمۈش مېدال، بىر مىس مېدال ئالدى؛ ئوبلاستلىق يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسىدە 2 ئالتۇن مېدال، 8 كۈمۈش مېدال، 8 مىس مېدال ئالدى.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 816 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە 51 مىليون 290 مىڭ يۈەن مائاش تارقىتىلدى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 6700 يۈەنگە يەتتى. سۈغۇرتا كەسپىنىڭ يىللىق سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 1 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى 1000 ئائىلىدىكى 4500 ئادەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، ئۇلارنىڭ كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسى ھەل بولدى.

☆ ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى 3 - ئايدا ئوبلاستلىق نەسىللىك قوي فېرمىسى، پىلال، جامالتېرەك يېزىلىرىدا چارۋىچىلار ئولتۇراقلىشىش نۇقتىسى قۇرۇشنى مۇزاكىرە قىلىپ، قارار قىلغانىدى، كۆپ تەرەپلىمە مەبلەغ توپلاش ئارقىلىق 572 يۇرۇش ئۆي سېلىندى. 572 ئائىلىلىك نامرات چارۋىچى 10 - ئاينىڭ ئاخىرىدا يېڭى ئولتۇراقلىشىش نۇقتىسىغا تولۇق كۆچۈپ كىردى.

☆ ئاقتۇ ناھىيىسى 8 - ئاينىڭ 1 — 3 - كۈنلىرى ئالاھىدە زور كەلكۈننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، بارىن، پىلال يېزىلىرى، ناھىيىلىك كۆچەتخانا، چارلۇڭ، كوسراپ، تار يېزىلىرى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى. كەلكۈن 1333 گېكتاردىن كۆپرەك يەردىكى زىرائەت، دېھقان - چارۋىچىلاردىن 974 ئائىلىنىڭ ئۆيى، 152 سېمونت كۆۋرۈك، 320 ياغاچ كۆۋرۈك، 320 كىلومېتىر يولنى ۋەيران قىلدى، 1000 نەچچە تۇياق چوڭ - كىچىك چارۋىنى يۇتۇپ كەتتى، 34 دېھقان - چارۋىچى ئۆلدى، بىۋاستە ئىقتىسادىي زىيان 99 مىليون 721 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى.

گۈلھەسەل قادىر

# قەشقەر ۋىلايىتى

## ئاساسىي ئەھۋالى

قەشقەر ۋىلايىتى ئاپتونوم رايوننىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان. 1999 - يىلى ۋىلايەتكە قاراشلىق شەھەر بىر، ناھىيە 11. مەمۇرىي مەھكىمە تۇرۇشلۇق جايدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1473 كىلومېتىر كېلىدۇ. ۋىلايەت بويىچە يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 3 مىليون 341 مىڭ 500 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 3 مىليون 48 مىڭ 200)، بېزا نوپۇسى 2 مىليون 674 مىڭ 500؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 17.5‰، ئۆلۈش نىسبىتى 6.1‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 11.4‰. ۋىلايەت بويىچە 487 مىڭ 700 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 282 مىڭ 200 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 205 مىڭ 400 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

قەشقەر ۋىلايىتى تەۋەسىدە يىللىق ئېقىن مىقدارى 600 مىليون كۇب مېتىردىن ئاشىدىغان 5 دەريا بار، ۋىلايەت بويىچە دەريا - ئېقىنلاردىكى سۇ مىقدارى 12 مىليارد 217 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ مىقدارى 8 مىليارد 681 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 438 مىڭ 500 گېكتار يەردە ئورمان، 1 مىليون 619 مىڭ 300 گېكتار تەبىئىي ئوتلاق بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن دۆلەتلىك 1- دەرىجىلىك قوغدىلىدىغانلىرىدىن 16 خىلى، دۆلەتلىك 2- دەرىجىلىك قوغدىلىدىغانلىرىدىن 53 خىلى بار. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن ئاساسلىقى چۈچۈكبۇيا، يەر مەدىكى، بۆرە سامىسقى، زاراڭزا، سېرىق يۇگەي بار. تۆمۈر، چىرىمتال، تاشپاختا، قاشتېشى، ئالماس، كۆمۈر، فوسفور، بارىي، تىتان، مىس قاتارلىق 38خىل قېزىلما بايلىق بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قەشقەر ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ياۋ يۈڭفېڭ؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: كامىل ئابدۇللا، مەھەممەت ئەخلەت، ليۇ چاڭمىڭ، جاڭ خۇڭتاۋ، زىننەت ئۆمەر، شى داگاڭ.

ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قەشقەر ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مەھەممەت ئەخلەت؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: خۇ چېشىن، ياسىن ياقۇپ، ئابدۇكېرىم سەلەي، تيەن ۋېيگو.

مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى: كامىل ئابدۇللا؛ مۇئاۋىن ۋالىيلار: شى شاۋلىن، جيۇ شياڭمىن، بەي شياۋ، مەمتىمىن ئوسمان، شاڭ تيېلۇڭ، مەمتىمىن پىردەۋس.

ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: (ئورنى بوش)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلار: زىننەت ئۆمەر، مەمتىمىن ھەلىمىدىن، ئوسمان قاسىم، جياڭ باۋخېڭ، روزى كېرىم، ئابدۇكېرىم ئابدۇرېھىم.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى ۋىلايەت بويىچە ئورۇندالغان دېھقانچىلىق،

ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليارد 771 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 4 مىليارد 838 مىليون يۈەن) بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 3.6% ئۆزگەرمەس باھا) . 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 995 مىليون يۈەن، ئورمانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 133 مىليون يۈەن، چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 690 مىليون يۈەن، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 27 مىليون يۈەن بولدى. 1 مىليون 480 مىڭ توننا ئاشلىق، 242 مىڭ 200 توننا پاختا، 5780 توننا ياغلىق دان، 215 مىڭ 900 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. بىر يىلدا 12 مىڭ 140 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. 101 مىڭ 100 توننا گۆش، 5743 توننا قوي يۇڭى، 37 مىڭ 801 توننا سۈت، 16 مىڭ 601 توننا تۇخۇم، 3583 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تىجارەت كىرىمى 1 مىليارد 356 مىليون يۈەنگە يەتتى.

سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىدا مۇقىم تەرەققىيات ساقلاپ قېلىندى. يېزا دەرىجىلىك ۋە يېزىدىن يۇقىرى سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 455 مىليون يۈەن بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 2.3% ئۆزگەرمەس كەتتى. ئىقتىسادىي تىپ بويىچە ئايرىپ قارىغاندا، دۆلەت سانائىتىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 264

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | | 68.54 | —3.2 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 39.95 | —9.6 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 8.83 | 1.5 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 19.76 | 9.2 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (تۈمەن توننا) | | 148 | 3.7 |
| يىل ئاخىرىدا قولغا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 641.79 | 4.1 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | | 13.83 | 10.6 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (تۈمەن كىلوۋات) | | 75.33 | 8.8 |
| تاشقى سودا ئىمپورت سوممىسى (تۈمەن دوللار) | | 5119 | 17.6 |
| تاشقى سودا ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن دوللار) | | 4180 | 56.6 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (100 مىليون يۈەن) | | 17.33 | 7.6 |
| شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (100 مىليون يۈەن) | | 100.28 | 3.7 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (100 مىليون يۈەن) | | 3.54 | 0.9 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (100 مىليون يۈەن) | | 11.19 | 5.4 |

ئىزاھات: 1. ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى، نوپۇس، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدا ئامانەت قويۇلغان پۇل ۋە قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 3 - شىنىڭكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، باشقا كۆرسەتكۈچلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. 2. تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغكە دائىر ستاتىستىكىلىق مەلۇمات جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولى قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ بىلەن دۆلەت يولى 314 - لىنىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. 3. بىناكارلىققا دائىر مەلۇمات ۋىلايەت بويىچە تەبىئىي سۈپەت دەرىجىسى 4 - دەرىجە بولغان ياكى 4 - دەرىجىدىن يۇقىرى بولغان بىناكارلىق كارخانىلىرىغا دائىر مەلۇماتتىن ئىبارەت.

مىليون يۈەن بولۇپ، %7.5، كوللېكتىپ سانائەتنىڭ 126 مىليون يۈەن بولۇپ، %20.4 تۆۋەنلەپ كەتتى؛ باشقا ئىقتىسادىي تىپتىكى سانائەتنىڭ 65 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1.9 ھەسسە ئاشتى. يېنىك سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 268 مىليون يۈەن بولۇپ، %3.9 تۆۋەنلەپ كەتتى؛ ئېغىر سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 187 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %0.1 ئاشتى. بىر يىلدا 691 مىليون 929 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 245 مىڭ 900 توننا سېمونت، 163 مىليون 345 مىڭ توننا كۆمۈر، 7785.5 توننا مۇلياۋ ياسالما، 20 مىڭ 900 توننا پاختا يىپ ئىشلەپچىقىرىلدى. ۋىلايەت بويىچە بىناكارلىق كارخانىلىرى ئورۇندىغان مەھسۇلات قىممىتى 539 مىليون يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا 768 قۇرۇلۇش قىلىندى، 983 مىڭ كۋادرات مېتىر ئۆي قۇرۇلۇشى قىلىندى، 497 مىڭ 800 كۋادرات مېتىر ئۆي پۈتكۈزۈلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 1 مىليارد 116 مىليون يۈەن، يەرلىك تۈرلەرگە 1 مىليارد 6 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئىقتىسادىي تىپ بويىچە ئايرىپ قارىغاندا، دۆلەت ئىلكىدىكى ئىقتىسادقا سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليارد 41 مىليون يۈەن، كوللېكتىپ ئىقتىسادقا سېلىنغان مەبلەغ 12 مىليون يۈەن، شەھەر، يېزا ئاھالىلىرى سالغان مەبلەغ 39 مىليون يۈەن. تۈرلەر بويىچە ئايرىپ قارىغاندا، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 879 مىليون يۈەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ 85 مىليون يۈەن، ئۆي - مۈلۈك تەرەققىياتىغا سېلىنغان مەبلەغ 25 مىليون يۈەن، باشقا تۈرلەرگە سېلىنغان مەبلەغ 127 مىليون يۈەن. بىر يىلدا تاشيولدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 1 مىليارد 952 مىليون 280 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، تاشيولدا توشۇلغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 1 مىليارد 208 مىليون 960 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 137 مىليون يۈەنگە، يېڭىدىن كۆپەيگەن تېلېفون ئابونېنتى 22 مىڭ 800گە، يىل ئاخىرىدىكى تېلېفون ئابونېنتى 89 مىڭ 900 گە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ۋىلايەت بويىچە كەسپىي تېخنىكا خادىمى 55 مىڭ 54، بۇنىڭ ئىچىدە قۇرۇلۇش تېخنىكا خادىمى 3928، سەھىيە تېخنىكا خادىمى 8607، يېزا ئىگىلىك تېخنىكا خادىمى 3098، پەن تەتقىقات خادىمى 110، ئوقۇتۇش خادىمى 32 مىڭ 324. ۋىلايەتتىكى ئالىي مەكتەپ 3 (پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، ئوقۇغۇچىسى 4865 (مىللىي 3041)؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم 17، ئوقۇغۇچىسى 8466 (مىللىي 7627)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 223، ئوقۇغۇچىسى 194 مىڭ 200 (مىللىي 163 مىڭ 700)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 1251، ئوقۇغۇچىسى 565 مىڭ 900 (مىللىي 529 مىڭ 100)؛ بالىلار باغچىسى 37، باغچىدىكى بالا 8210. ۋىلايەت بويىچە 12 سەنئەت ئۆمىكى، 12 مەدەنىيەت يۇرتى، 8 ئاممىۋى كۇتۇپخانا، بىر مۇزېي، 13 ئارخىپخانا، 2 رادىئو ئىستانسىسى (يېڭى ئۆلچەمدىكى)؛ 3 ئوتتۇرا ۋە قىسقا دولقۇنلۇق رادىئو تارقىتىش ھەم كۈچەيتىش ئىستانسىسى، 2 تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى (يېڭى ئۆلچەمدىكى)، بەش 1000 ۋاتلىقتىن يۇقىرى تېلېۋىزىيە تارقىتىش ۋە كۈچەيتىش ئىستانسىسى بار. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %84.2كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %87.8كە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە 17 كىنو قويۇش ئورنى بار، 14 تېلېۋىزىيە فىلىمى ئاز سانلىق مىللەت تىلىغا تەرجىمە قىلىندى. 56 خىل، 351 مىڭ نۇسخا كىتاب نەشر قىلىندى. ۋىلايەت بويىچە 254 سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا 210، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ۋە ئۇنى داۋالاش ئاپپاراتى 2، ئانا - بالىلار سەھىيە ئاپپاراتى 11، ساناتورىيە 2، ئامبۇلاتورىيە5، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى 16، دورا تەكشۈرۈش ئاپپاراتى 2، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېببىي دورىگەرلىك مائارىپى ئاپپاراتى 2، باشقا سەھىيە ئاپپاراتى 4. كارىۋات 9113، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 10 مىڭ 56، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 4383، سېستىرا، ياردەمچى سېستىرا 3422. ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە كوللېكتىپ 2 - لىك، 56 ئالتۇن مېدال، 27 كۈمۈش مېدال، 23 مىس مېدال قولغا كەلتۈرۈلدى. ۋىلايەت بويىچە مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلاردىن 253 مىڭ 400ى «دۆلەتلىك تەنتەربىيە چېنىقىش ئۆلچىمى» گە يەتتى.

### خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 854 يۈەنگە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە بىر يىلدا خىزمەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 6931 يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %8.7 ئاشتى، باھا ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە ئەمەلىيەتتە %14.6 ئاشتى. 1999 - يىلى تىزىملانغان ئىشسىزلار 9161 بولۇپ، 1366 كىشى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ھەرخىل پاراۋانلىق ئورنىدىن 15ى، 1120 كارىۋات بار، ئۇلاردا 800 ئادەم بېقىلىۋاتىدۇ. ۋىلايەت بويىچە 219 مىڭ ئادەم ئىجتىمائىي كاپالەت بويىچە قۇتقۇزۇلدى.

ياڭ جىجۈن

☆ قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە 2 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ۋىلايەتلىك 3 - قېتىملىق گەۋدىلىك تۆھپە

قوشقان مۇنەۋۋەر كەسىپى تېخنىكا خادىملىرىغا نام بېرىش ۋە ئۇلارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، لىۇ چىكى قاتارلىق 21 كىشىگە «گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان مۇنەۋۋەر خادىم» دېگەن نام بەردى.

☆ 9 - ئاينىڭ 4 — 7 - كۈنىگىچە قەشقەردە يېپەك يولى — قەشقەر مەدەنىيەت ساياھەت بايرىمى ئۆتكۈزۈلدى.

☆ قەشقەر ئايرودرومىنىڭ ئۈچۈش رايونىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى ھەمدە ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى.

☆ قەشقەر تەنھەرىكەتچىسى مەخەم زۇنۇن 9 - ئايدا مەملىكەتلىك 6 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە 52 كىلوگراملىقلار بويىچە چېلىشىشتا چېمپىيون بولدى، بۇ قەشقەر تەنھەرىكەتچىسىنىڭ مەملىكەتلىك مۇسابىقىدە ئېرىشكەن تۇنجى ئالتۇن مېدالىدۇر.

ليالڭ مىڭ

## قەشقەر شەھىرى

### ئاساسىي ئەھۋالى

قەشقەر شەھىرى پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي - شىمالىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە جايلاشقان. 314 - دۆلەت يولى ئارقىلىق ئۈرۈمچىگىچە بولغان ئاشىيول مۇساپىسى 1473 كىلومېتىر، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ تۇرپانغىچە بولغان مۇساپىسى 1446 كىلومېتىر كېلىدۇ، شەھەرنىڭ شىمالىدا قەشقەر ئايرودرومى بار. 1999 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق يېزا 4، مەھەللە ئىش باشقارمىسى 4. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 318 مىڭ 900 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 261 مىڭ 900)، يېزا نوپۇسى 96 مىڭ؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 11.67‰، ئۆلۈش نىسبىتى 3.25‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 8.42‰. شەھەر بويىچە 6563.3 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 6560 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز كۈرنى تېرىلغۇسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 1646.6 گېكتار يەرگە كۆكتات، 260 گېكتار يەرگە كېۋەز تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قەشقەر شەھەرلىك 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جۇ خەيلۇن.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابدۇللا مامۇت.

شەھەر باشلىقى: پەرھات خالىق.

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: لى چىڭ.

### يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى شەھەر بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 10.67 | 7.3 |
| شەھەرگە تەۋە ئېلىنغان ئاشلىق (تۈمەن توننا) | 4.78 | 0.4 |
| شەھەرگە تەۋە يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | 16.17 | 43.2 |
| شەھەرگە تەۋە يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 5.12 | 16.1 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | 19014 | 8.4 |
| تاشقى سودا ئىمپورت سوممىسى (تۈمەن دوللار) | 4888 | 15 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (100 مىليون يۈەن) | 6.78 | 9.5 |
| شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (100 مىليون يۈەن) | 30.1 | 12.3 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | 8555 | 9.7 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | 12356 | 19.1 |

# ۋەزىيەتنى كۆزلەپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشقا پائال قاتنىشايلى

ج ك پ قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ ئەزاسى، قەشقەر شەھەرلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى جۇ خەيلۇن



قەشقەر شەھىرى ۋەتىنىمىزنىڭ ئەڭ غەربىدىكى قەدىمىي شەھەر، شۇنداقلا شىنجاڭ تەۋەسىدىكى بىردىن بىر دۆلەت دەرىجىلىك مەشھۇر تارىخىي مەدەنىيەت شەھىرى. ئۇ ئاسىيا ـ ياۋروپا قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان بولۇپ، قەدىمىي يىپەك يولىدا مۇھىم ئورۇن تۇتقان. بۇ ئۇزۇن تارىختا، پارلاق مەدەنىيەتكە ئىگە شەھەر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سودا ـ سېتىق راۋاج تاپقان، ئىقتىساد گۈللەنگەن شەھەر. يالغۇز قەدىمىي غەربىي يۇرتنىڭ ماددىي مەدەنىيىتى، مەنىۋى مەدەنىيىتى توپلانغان جاي بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئېلىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ئۆز ئارا سىڭىشكەن جاي. شۇڭا قەشقەرنىڭ تارىختىن بۇيان «يىپەك يولىدىكى مەرۋايىت» دېگەن چىرايلىق نامى بار. «قەشقەرگە كەلمىسە شىنجاڭغا كەلگەن ھېسابلانمايدۇ» دېگەن سۆز قەشقەر شەھىرىنىڭ شىنجاڭدا مۇھىم ئورۇنغا ۋە رولغا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئازادلىقتىن كېيىن قەشقەر شەھىرىدە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان يىپەك يولىدىكى قەدىمىي شەھەرنىڭ زامانغا لايىق ياشلىق باھارى ۋە ھاياتىي كۈچى نامايان بولدى. بولۇپمۇ يېقىنقى 3 يىلدا قەشقەر

---

قىممىتى 169 مىليون يۈەن (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 116 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن 7.4% ئاشتى. 47 مىڭ 800 توننا ئاشلىق، 337 توننا پاختا، 91 مىڭ 500 توننا كۆكتات ئېلىندى. 360 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 16.66 گېكتار يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى، پارچە ـ پۇرات يەرلەرگە 180 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى. بىر يىلدا 3511 توننا گۆش، 1637 توننا سۈت، 2197 توننا تۇخۇم، 502 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى.

شەھەر رايونىنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 474 مىليون يۈەن (شەھەرگە تەۋەسى 145 مىليون يۈەن) گە، ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 325 مىليون يۈەن (شەھەرگە تەۋەسى 125 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 4.2% ئاشتى (شەھەرگە تەۋەسى 14.4% تۆۋەنلەپ كەتتى). بىر يىلدا 284 مىليون 270 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 147 مىڭ 500 توننا سېمونت (شەھەرلىك سېمونت زاۋۇتىنىڭ 17 مىڭ 400 توننا)، 10 مىڭ 636 توننا پاختا يىپ، 21 مىليون مېتىر پاختا رەخت، 3023 توننا پىۋا، 1308 توننا سۇلياۋ ياسالما (دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۇلياۋ يوپۇق 1146 توننا) ئىشلەپچىقىرىلدى، 10 مىليون 570 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەندى. بىناكارلىقتا قۇرۇلۇش قىلىش مەھسۇلات قىممىتى 316 مىليون يۈەن (شەھەرگە تەۋەسى 160 مىليون يۈەن) گە، پۈتكۈزۈلگەن قۇرۇلۇشلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 290 مىليون يۈەن (شەھەرگە تەۋەسى 123 مىليون يۈەن) گە، قۇرۇلۇش قىلىنغان ئۆي كۆلىمى 526 مىڭ 900 كۋادرات مېتىر (شەھەرگە تەۋەسى 276 مىڭ 500 كۋادرات مېتىر) غا يەتتى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 307 مىليون يۈەن (شەھەرگە تەۋەسى 136 مىليون يۈەن) گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 217 مىليون يۈەن (شەھەرگە تەۋەسى 105 مىليون يۈەن)، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ 48 مىليون يۈەن، ئۆي ـ مۈلۈك تەرەققىياتىغا سېلىنغان مەبلەغ 25 مىليون يۈەن، باشقا تۈرلەرگە سېلىنغان مەبلەغ 17 مىليون يۈەن. بىر يىلدا تاشيولدا توشۇلغان يولۇچى ئوبوروت

شەھەرنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرى مىسلىسىز تېز تەرەققىي قىلدى. ھەر مىللەت خەلقى «ئىتتىپاقلىشىپ ئەمەلىي ئىشلەش، جاسارەت بىلەن ئىلغارلىقنى تالىشىش، ئىش ئورنىنى ۋە كەسپىنى قەدىرلەش، باتۇرلۇق بىلەن تۆھپە قوشۇش» تىن ئىبارەت قەشقەر روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، شەھەر قۇرۇلۇشىنى كۆزنى يېڭى كۆزگەرتىپ، شەھەر ئەتراپى يېزا ئىگىلىكىنى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىپ، شەھەر ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈپ، تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلارنى تېز تەرەققىي قىلدۇردى. 1997 - يىلدىن ھازىرغىچە قەشقەر شەھىرى 150 مىليون يۈەن مەبلەغ جۇغلاپ 11 تۈرلۈك نۇقتىلىق شەھەر قۇرۇلۇشى تۈرىنى تاماملاپ، قەشقەر شەھىرىنى زامانىۋى شەھەر قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنىڭ ئاساسىي رامكىسىنى بەرپا قىلدى. قەشقەر شەھىرىنىڭ مەبلەغ سېلىش مۇھىتىنى غايەت زور دەرىجىدە ياخشىلىدى. 1999 - يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 67 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1978 - يىلدىكىدىن 3 تىن كۆپرەك قاتلاندى؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 192 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1978 - يىلدىكىدىن 6.5 ھەسسە؛ يېزا ئىگىلىك قوشۇلما قىممىتى 104 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1978 - يىلدىكىدىن ئازكەم 6 ھەسسە ئاشتى؛ ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 678 مىليون يۈەنگە؛ يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ كىرىمى 512 مىليون يۈەنگە يەتتى. شۇنىڭ بىلەن مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىمۇ مول نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، شەھەر دۆلەت تەرىپىدىن ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى نەمۇنە شەھەر، مەملىكەت بويىچە مەدەنىيەت خىزمىتىدىكى ئىلغار شەھەر دېگەن نامlarغا ئېرىشىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار شەھەر ۋە پاكىز شەھەرلىرى قاتارىغا ئۆتتى.

قەشقەر شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىشىنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، شەھەردىكى پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ۋە ھەر مىللەت ئاممىسىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، قەشقەر شەھىرىنىڭ «ئۈچ يىلدا ئاساس سېلىش، بەش يىلدا زور تەرەققىي قىلىش، ئون يىلدا تېز ئۆرلەش» نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يېڭىدىن 10 بازار قۇرۇشنى، 5 قۇرۇلۇش قىلىشنى، كەڭ كۆلەملىك شەھەر قۇرۇلۇشى ئارقىلىق شەھەر ئىقتىسادىنىڭ ۋە تۈرلۈك

مىقدارى 51 مىليون 290 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، توشۇلغان يولۇچى 182 مىڭ ئادەم (قېتىم) غا، توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 40 مىليون 90 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، توشۇلغان يۈك 127 مىڭ تونىنغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 53 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە (ئۆزگەرمەس باھا)، تېلېفون كوممۇتاتورىنىڭ سىغىمچانلىقى 55 مىڭ توچكىغا، يانتېلېفون 5763كە، ئۆزلۈكسىز يوللۇق ئاپتوماتىك كوممۇتاتورنىڭ سىغىمچانلىقى 14 مىڭ 400 توچكىغا يەتتى. شۇ يىلى خۇسۇسىي كارخانا 168 (سانائەت كارخانىسى 50) گە، كەسپكارى 1801 (سانائەت كارخانىلىرىنىڭ 765) گە؛ يەككە تىجارەتچى 15 مىڭ (سانائەتچى 1215) غا، كەسپكارى 22 مىڭ 400 (سانائەت كەسپكارى 2369) گە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

شەھەر بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 1315 (شەھەرگە تەۋە). شەھەردىكى ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 4330؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم 9، ئوقۇغۇچىسى 6516؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 22، ئوقۇغۇچىسى 18 مىڭ 727؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 73، ئوقۇغۇچىسى 43 مىڭ 697. سەنئەت ئۆمىكى 3، سەنئەت سارىيى بىر، مەدەنىيەت يۇرتى 22، ئاممىۋى كۇتۇپخانا 3، كىنو قويۇش ئورنى 11. رادىئو، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100كە يەتتى. 33 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 2643 سەھىيە تېخنىكا خادىمى (يەككىلەر بۇنىڭ سىرتىدا)، 2155 كارىۋات بار. 1999 - يىلى 7 قېتىم تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 17 مىڭ 800 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 3823 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە يىللىق ئەمەلىي چىقىمى 3784 يۈەنگە، شەھەر ئەتراپىدىكى دېھقانلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1585 يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى شەھەر رايونىدىكى 151 ئورۇندىكى 20 مىڭ 400 ئىشچى - خىزمەتچى پاشانغانلار كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش تۇپلاشقا، 317 ئورۇندىكى 29 مىڭ 700 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

☆ قەشقەر شەھىرى بىلەن ئاتۇش شەھىرى 3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى دوست شەھەر بولدى.

ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ھەممە پارتىيە قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداپ، قەشقەر شەھىرىنىڭ يېڭىچە يولىدىكى مەرۋايىت ئىكەنلىكىنى قايتا نامايان قىلىشنى پىلانلىدى.

قەشقەر شەھىرىنى ئىسمى جىسمىغا لايىق خەلقئارا سودا شەھىرى قىلىپ قۇرۇپ چىقىمىز. قەشقەر شەھىرى ئەۋزەل جۇغراپىيىلىك ئورۇنغا ۋە ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىتقا ئىگە، خەلقى تىجارەت قىلىشتەك تارىخىي ئەنئەنىگە ئىگە، بىز يېڭىچە ئۇنۇملۇك تەدبىر قوللىنىپ، ئىختىساسلىق خادىم، مەبلەغ ۋە تۈرلەرنى پاتال كىرگۈزۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقئارا سودا شەھىرى قۇرۇشنى نىشان قىلىپ، شەرق بىلەن بىرلىشىپ، غەربكە چىقىرىپ، غەربتىن كىرگۈزۈپ، شەرققە سېتىپ، سىرتتىن كىرگۈزۈپ، ئىچكى جەھەتتە بىرلىشىپ، قەشقەر شەھىرىنى ئىسمى جىسمىغا لايىق خەلقئارا سودا شەھىرى قىلىپ قۇرۇپ چىقىمىز.

قەشقەر شەھىرىنى ئاسىيا - ياۋروپا قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىدىكى قاتناش تۈگۈنى شەھىرى قىلىپ قۇرۇپ چىقىمىز. جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولىدا پۈتۈن لىنىيە بويىچە قاتناش باشلاندى، يەنە ئۇ غەربتە ئۆزبېكىستانغىچە ئۇزارتىلىدۇ، بۇ چاغدا مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەرنىڭ تۆمۈريول تورى ئارقىلىق بىۋاسىتە ياۋروپانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا بارغىلى بولىدۇ؛ قەشقەردىن يەنە پاكىستان خەلقئارا تاشيولى ئارقىلىق ھىندى ئوكيانغا چىققىلى، خەلقئارا دېڭىز قىرغىقى ئىقتىسادىي بەلۋېغىدىكى زور ئايلانمىغا كىرگىلى بولىدۇ؛ قەشقەردىكى خەلقئارا ئايرودروم ئىچىلىش ئالدىدا تۇرىدۇ، ئۇنىڭدا بوئېن ماركىلىق ئايروپىلاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر قانداق چوڭ تىپتىكى ئايروپىلانلار ئۇچالايدۇ ۋە قونالايدۇ.

قەشقەر شەھىرىنى چېگرا رايوندىكى سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن شەھەر قىلىپ قۇرۇپ چىقىمىز. قەشقەر شەھىرى دۆلەتلىك B دەرىجىلىك ئېچىۋېتىلگەن شەھەر، ئۇ پايدىلىنىشقا بولىدىغان سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن 4 پورت ۋە مال ئۆتكۈزۈش پولى بولۇشتەك ئەۋزەللىككە ئىگە. خەلقئارا ئالاقىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچىنى ئاشۇرۇپ، قەشقەر شەھىرىنى ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولغان، دۆلەتنىڭ ياقا رايوندىكى سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن شەھەر قىلىپ قۇرۇپ چىقىمىز.

قەشقەر شەھىرىنى خەلقئارا سەيلە ساياھەت شەھىرى قىلىپ قۇرۇپ چىقىمىز. ئۇنىڭ مەشھۇر تارىخىي مەدەنىيەتلىك

☆ 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى قەشقەر قىزىل دەرياسىغا 500 يىلدا بىر قېتىم كېلىدىغان پەۋقۇلئاددە زور كەلكۈن كەلدى، كەلكۈن پەللىسىنىڭ ئەڭ زور ئېقىم مىقدارى 3750 كۇب مېتىر/سېكۇنتقا يەتتى، كەلكۈن قەشقەرنىڭ جەنۇبىي بىلەن شىمالىنى تۇتاشتۇرىدىغان مۇھىم يولدىكى قىزىل دەرياسى كۆۋرۈكىنى ئېقىتىپ كەتتى، نەتىجىدە قاتناش ئاز كەم 10 كۈن ئۈزۈلۈپ قالدى. بۇ قېتىمقى كەلكۈن بۇزۇۋەتكەن سۇ ئىنشائاتى تۈگۈنى، كۆۋرۈك، ئېتىز، ئاھالىلەر تۇرالغۇ ئۆيى ۋە ئېلېكتر قۇۋۋىتى، قاتناش، خەۋەرلىشىش قاتارلىق بىر قىسىم مۇئەسسەسەلەر قەشقەر شەھىرى، قەشقەر كوناشەھەر، قەشقەر يېڭىشەھەر، پەيزاۋات ناھىيىلىرىگە ئېغىر ئىقتىسادىي زىيان كەلتۈردى.

☆ تۆمۈريول مىنىستىرلىكى 12 - ئاينىڭ 6 - كۈنى قەشقەر پويىز ئىستانسىدا جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولىدا پۈتۈن لىنىيە بويىچە قاتناش باشلانغانلىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى ئاچتى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باشلىقى لى پېڭ، مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت، دۆلەت كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەت، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، تۆمۈريول مىنىستىرى فۇ جىخۇەنلەر تۇنجى پويىز قاتناش مۇناسىۋىتى بىلەن لېنتا كەستى.

## باغۋەنچىلىك بويىچە «211» قۇرۇلۇشى باشلاندى

1999 - يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ 20 مىڭ مو يەردە ئانار، 10 مىڭ مو يەردە ئۈزۈم، 1000 مو يەردە گىلاس بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت باغۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ 5 يىللىق (1999 — 2004 - يىلغىچە) قۇرۇلۇش پىلانى (قىسقارتىلىپ «211» قۇرۇلۇش دېيىلىدۇ) رەسمىي باشلاندى. «211» قۇرۇلۇشى شەھەر ئەتراپىدىكى 4 يېزىغا جايلاشقان، بۇ قۇرۇلۇش مۇۋاپىق شارائىت تاللىنىپ، تۇتاش يەر بۆلەكلىرى مەركەزلەشتۈرۈلۈپ مەزگىلگە بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلىدۇ. پۈتكۈل قۇرۇلۇش سۈپەتلىك كۆچەت كىرگۈزۈپ بىۋاسىتە تىكىش ۋە تۆۋەن ھوسۇللۇق يەرلىك سورتلارنى ئۇلاپ ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت 2 جەھەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1999 - يىلى شەھەرنىڭ مالىيە تارماقلىرى ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا بىر قىسىم مەبلەغ چىقىرىپ 7 خىل سۈپەتلىك ئانار سورتى، 8 خىل چوڭ گىلاس سورتى، 2 خىل ئۈزۈم سورتى، 5 خىل شاپتۇل سورتى ۋە سەمەت ئۆرۈكى سورتىنى كىرگۈزدى. بۇ كۆچەتلەرنى ئالدى بىلەن قوغان يېزىسىغا

شەھەر بولۇشتەك ئۇستۇنلۇكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆزىگە خاس قىلولوگىيىسى ۋە تەبىئىي مەنزىرىسىدىن پايدىلىنىپ، چېگرا رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونىنىڭ ئۆرپ - ئادەت بايلىقىنى ئېچىش قەشقەرنىڭ ساياھەتچىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى ئۆزگىچە ئۈستۈنلۈكىدىن ئىبارەت. ساياھەتچىلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان مەنزىرە نۇقتىلىرى ۋە كەسىپلەرنى پائال ئېچىپ، ئۆزگىچە داڭلىق، ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى كەشىپ قىلىمىز ھەمدە مۇشۇ ئارقىلىق 2 -، 3 - كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىمىز.

قەشقەر شەھىرىنى باغچىلاشقان شەھەر قىلىپ قۇرۇپ چىقىمىز. قەشقەر شەھىرى چۆلدىكى بوستانلىق شەھەر، باغچىلىشىش شەھەرنىڭ بىر چوڭ ئالاھىدىلىكى، شۇنىڭدەك مۇھىتنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. يېشىللىق كۆلىمىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، دەرەخ تىكىش، چىم، گۈل - گىياھ تېرىش پائالىيىتىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، نۇقتىدا مەنزىرىلىك جاي بولۇش، يولدا ئورمان بولۇش، دائىرىدە باغچا بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرىمىز.

قەشقەر شەھىرىنى ئۈچۈر تورى جەھەتتىكى مەركىزىي شەھەر قىلىپ قۇرۇپ چىقىمىز. قەشقەر شەھىرىنىڭ پوچتا - تېلېگراف ئىشلىرى تارىخىي خاراكتېرلىك تەرەققىياتقا ئېرىشتى، ئوپتىك كابېل، مىكرو دولقۇن، سۈنئىي ھەمراھ قاتارلىق ئىلغار خەۋەرلىشىش ۋاستىلىرى قەشقەردە ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. قەشقەر شەھىرىنىڭ سىرت بىلەن بولغان ئۇچۇر ئالماشتۇرۇشىنى زورايتىپ، ئۇچۇر بايلىقىنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرۇپ، قەشقەر شەھىرىنى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇچۇر تورى بىلەن كەڭ كۆلەمدە ئالاقىسى بار شەھەر قىلىپ قۇرۇپ چىقىمىز.

قەشقەر شەھىرىنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى گۈزەل، لېكىن گۈزەل مەنزىرە بىزنىڭ جاپالىق ئەمگىكىمىز ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. بىز دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە ئېغىشماي چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىپ، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، قەشقەر شەھىرىدىكى 320 مىڭ ھەر مىللەت خەلقىنى ئەمەلىي ئىشلەپ، يېڭىلىق يارىتىشقا يېتەكلەپ، ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەپ، چوقۇم يېڭى ئەسىردىكى شانلىق نامايەندىنى بەرپا قىلالايمىز.

---

يېزىسىغا تىكىپ، 66.7 گېكتار ئانار بازىسى، 277.8 گېكتار ئۈزۈم باغ بەرپا قىلدى، 382.5 گېكتار يەردىكى ئۆۋەن ھوسۇللۇق ئىقتىسادىي ئورماننى ئۆزگەرتتى، 15.6 گېكتار يەردە كۆچەت يېتىشتۈردى.

رىشىت ھاجى

## قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى

### ئاساسىي ئەھۋالى

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1482 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 16 (قوغان يېزىسى قەشقەر شەھىرىگە ئايرىپ بېرىلدى). يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 350 مىڭ 962 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 336 مىڭ 631)، يېزا نوپۇسى 332 مىڭ 331؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 21.19‰، ئۆلۈش نىسبىتى 8.61‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 12.58‰. ناھىيە بويىچە 38 مىڭ 30 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 35 مىڭ 750 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز ئورنى تېرىلغۇ كۆلىمى 12 مىڭ 740 گېكتار)، 19 مىڭ 20 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئېگىز ئورنى تېرىلغۇ كۆلىمى 4650 گېكتار) تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى تەۋەسىدە قىزىل دەرياسى، گەز دەرياسى، چاقماق دەرياسى بار، بۇلارغا بۇلاق سۇلىرىنى قوشقاندا، نورمال ئەھۋالدا، يىللىق ئېقىن مىقدارى 1 مىليارد 90 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. ياۋايى ھايۋانلاردىن تۈلكە، جەرەن قاتارلىقلار، قېزىلما بايلىقلاردىن ئالتۇن، نېفىت، گەج، ھاك تېشى، كۆمۈر، تاشتۇز قاتارلىقلار بار. داڭلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىسىدىن مەھمۇت قەشقەرى مەقبەرىسى بار.

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لۇ جىنجياڭ.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: قۇربان سۇلايمان.

ھاكىم: پەرھات سەيدى.

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: مەھەممەت ئابدۇللا.

### يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات

## خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 ـ يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 46946 | —5.6 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 29111 | —14.1 |
| | 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 5736 | —38.5 |
| | 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 12099 | —10.3 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 158462 | —7.85 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 70.07 | 3.47 |
| يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 6405 | 19.43 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 81478 | 18.08 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 5921.6 | —1.55 |
| بازار ـ يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 36768 | 69.88 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 1750 | —0.62 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 8798 | 8.31 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 304 مىليون 310 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ 185 مىليون 990 مىڭ يۈەن، 2 ـ كەسىپنىڭ 37 مىليون 140 مىڭ يۈەن، 3 ـ كەسىپنىڭ 81 مىليون 180 مىڭ يۈەن.

قىممىتى 557 مىليون 340 مىڭ يۈەن (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 358 مىليون يۈەن) بولۇپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن 2.13% تۆۋەنلەپ كەتتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 158 مىڭ 462 توننا ئاشلىق، 1271 توننا ياغلىق دان، 9308 توننا پاختا ئېلىندى. 1924 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. بىر يىلدا 12 مىڭ 612 توننا گۆش، 2824 توننا سۈت، 554 توننا يۇڭ، 180 مىڭ 746 پارچە تېرە ئېلىندى. ئېتىز ـ ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 71 مىليون 440 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 1486.67 گېكتار بوزيەر ئېچىلدى، 3153.3 گېكتار تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز ئۆزگەرتىلدى، 70 گېكتار بوزيەر ، 100 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى. 436.7 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى. يېزا ـ بازار كارخانىسى 5770 بولۇپ، كىرىمى 35 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 69 مىليون 290 مىڭ يۈەن (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 42 مىليون 310 مىڭ يۈەن) بولدى؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 18 مىليون 260 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 11 مىليون 880 مىڭ يۈەن) بولۇپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن 6.9% تۆۋەنلەپ كەتتى. بىر يىلدا 46 توننا بالقاق، 8000 قۇر كىيىم ـ كېچەك، 179 چالغۇ ئەسۋابى، 2 توننا چويۇن مەھسۇلاتى، 2620 دانە قاڭالتىر بۇيۇم، 580 دانە تۆمۈر دېھقانچىلىق سايمىنى، 350 تۆمۈر كارىۋات، 1256 دانە ئۆي جاھازىسى، 199 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 1055 توننا پاختا يىپ، 750 مىڭ مېتىر پاختا رەخت، 53 توننا شامپان، 668 كىلوگرام جىغان يېغى، 10 توننا مېۋە شىرنىسى ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 93 مىليون 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 5 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنغان تۈرلەر مۇنۇلار: 91.4 كىلومېتىر يېزا ـ كەنت تاشيولىنى ئاسفالتلاشتۇرۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 18 مىليون 730 مىڭ يۈەن؛ باشلانغۇچ مەكتەپ سېلىشقا سېلىنغان مەبلەغ 6 مىليون 440 مىڭ يۈەن؛ توك بىلەن تەمىنلەش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى يېزا ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىشكە سالغان مەبلەغ 7 مىليون 100 مىڭ يۈەن. شۇ يىلى ئىش باشلىنىپ، شۇ

يىلى ئىشلىتىلگەن ئاساسلىق تۈرلەر مۇنۇلار: ناھىيىلىك پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئوقۇتۇش بىناسى، بۇنىڭغا 980 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سودا بازىرى، كۆلىمى 33.8 گېكتار بولۇپ، 1 مىليون 290 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشى، 10 توننىلىق پارقازان ئورنىتىلغان بولۇپ، 80 مىڭ كۋادرات مېتىر ئۆينى پار بىلەن تەمىنلەيدۇ، بۇنىڭغا 3 مىليون 430 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بىر يىلدا دۆلەت ترانسپورت كارخانىلىرى توشۇغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 1 مىليون 3800 ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 2 مىليون 587 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، پوچتىنىڭ تىجارەت سوممىسى 510 مىڭ يۈەنگە، تېلېگرافنىڭ تىجارەت سوممىسى 4 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى پروگراممىلىق تېلېفون 4980 توچكىغا، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 61 مىليون يۈەنگە، بازار سودىسىدا پۈتۈشۈلگەن سومما 60 مىليون يۈەنگە، ساياھەتچىلىكتىن قىلىنغان كىرىم 16 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 781 (سىياسىي خىزمەت ئوقۇتقۇچىسى، ئوقۇتقۇچىلار شۇنىڭ ئىچىدە). شۇ يىلى دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق تەتقىقات تۈرى «كېۋەز گېنىنى ھاشارەتكە تاقابىل تۇرالايدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىش»، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تۈر — «تامچىلىتىپ سۇغىرىش، پۈركۈپ سۇغىرىش يۇقىرى تېخنىكىسى ئارقىلىق سۇ تېجەش» تاماملاندى. ناھىيىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 22، باشلانغۇچ مەكتەپ 177، ئوقۇغۇچىسى 86 مىڭ 574 (مىللىي 85 مىڭ 680)، باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 4083 (مىللىي 3983)، ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 1355 (مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 1334). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 22 مىليون 735 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 90%كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 78%كە يەتتى. ناھىيىدە بىر دوختۇرخانا، 18 شىپاخانا، 581 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 553 كارىۋات بار.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرمۇش خىراجىتى كىرىمى 6300 يۈەنگە، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 760 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 6112 يۈەنگە، سۇغۇرتا كەسپى بويىچە سۇغۇرتىلاش سوممىسى 290 مىليون يۈەنگە، مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 1 مىليون 983 مىڭ يۈەنگە، تۆلەم سوممىسى 662 مىڭ يۈەنگە، جىسمانىي سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 1 مىليون 670 مىڭ يۈەنگە، تۆلەم سوممىسى ۋە بېرىلگەن پۇل 730 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى 1772 ئائىلىدىكى 7106 ئادەمنىڭ كىيىم يۈتۈن، قورساق توق بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى.

لى يى، ليۇ چۈن

# قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە، پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي ئېتىكىگە، قەشقەر دەرياسىدىن ھاسىل بولغان تىنما تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. ئۇرۇمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1484 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 3، يېزا 12، دۆلەت دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق مەيدانى، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق فېرمىسى 7. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 274 مىڭ 261 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 255 مىڭ 438)، يېزا نوپۇسى 234 مىڭ 274؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 20.8‰، ئۆلۈش نىسبىتى 7.72‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 13.08‰. ناھىيە بويىچە 36 مىڭ 67 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 25 مىڭ 540 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز ئورنى تېرىلغۇ كۆلىمى 1022 گېكتار)، 21 مىڭ 684 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى تەۋەسىدە قىزىل، گەز، كۆسەن دەريالىرى ئاساسلىق سۇغىرىش مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ، يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارى 541 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 313 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 1153 گېكتار يەردە ئورمان بار بولۇپ، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 7.18%. ئاساسلىق دەرەخلەردىن تېرەك، سۆگەت، قارىياغاچ، ئۈجمە، جىگدە، يۇلغۇن، ئەرمۇدۇن قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكى 100 خىلدىن ئاشىدۇ.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك

كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ جيەن.
11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئىممەت بارات.
ھاكىم: ئەختەر سىيىت.
سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: سىيىت سادىر.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 327 مىليون 780 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا) بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 9.97% تۆۋەنلەپ كەتتى. بىر يىلدا 130 مىڭ 92 توننا ئاشلىق، 404 توننا ياغلىق دان، 21 مىڭ 791 توننا پاختا ئېلىندى. 167.5 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. 10 مىڭ 400 توننا گۆش، 6600 توننا سۈت، 660 توننا يۇڭ، 198 مىڭ پارچە تېرە ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 26 مىليون 17 مىڭ 100 يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 106 كىلومېتىر

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 28319 | —6.6 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 22407 | —1.7 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 2852 | 4.3 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 3060 | —36.4 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 130092 | —0.02 |
| يىل ئاخىرىدا قولغا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 62 | 2.51 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 10263 | 29.55 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 96.940 | 4.44 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 12176 | 8.39 |
| بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 7315 | |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 1628 | —9.15 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 6808 | 3 |

**ئىزاھ: جەدۋەلدىكى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، 1999 - يىلى يۈرگۈزۈلۈۋاتقان باھا بويىچە 455 مىليون 890 مىڭ يۈەن. 1998 - يىلدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى 92 مىڭ 820 كىلوۋات بولۇشى كېرەك.**

سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى، 87 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، 546 ماشىنىلاشقان قۇدۇق (قېتىم) رېمونت قىلىندى. سۇ تېجەيدىغان ئۆلچەملىك 2 ئۆلگە كۆرسىتىش نۇقتىسى قۇرۇلۇپ، 213.3 گېكتار يەردە ئۆلگە كۆرسىتىلدى. 3 سۇ زاۋۇتى قۇرۇلۇپ، 12 مىڭ 760 ئادەمنىڭ ۋە 25 مىڭ 400 نەچچە تۇياق چارۋىنىڭ ئىچىملىك سۈيى ھەل قىلىندى. 2000 گېكتار بوز يەر ئېچىلدى، 2333.3 گېكتار تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز ئۆزگەرتىلدى، 2706.6 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى. يېزا - بازار كارخانىسى 5754 بولۇپ، كىرىمى 83 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 93 مىليون 380 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 8% ئاشتى؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 25 مىليون 480 مىڭ يۈەن بولۇپ، 16% تۆۋەنلەپ كەتتى. بىر يىلدا 29 مىڭ توننا سېمونت، 36 مىليون 70 مىڭ دانە خىش، 4899 توننا سۇ يېغى، 24 مىڭ 576 توننا ساپ پاختا، 2596 توننا پاختا يىپ ئىشلەپچىقىرىلدى، 960 مىڭ توننا

تۇرۇبا سۇيى بىلەن تەمىنلەندى، 2156 توننا سېمونت ستولبا، 2200 توننا ئۆلچەملىك ئۇن ئىشلەپچىقىرىلدى، 24 مىڭ 576 توننا پاختا چىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 34 مىليون 290 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بازىرىدىكى 22.7 گېكتار يەرنى ئىگىلىگەن ئۇنىۋېرسال يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سودا بازىرى ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. قۇرۇلۇش كۆلىمى 33 مىڭ 841 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئەرزان، ئەپلىك ئۆينىڭ ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى پۈتتى، ناھىيە بازىرىدىكى 5.72 كىلومېتىر يول پۈتتى. 1999 - يىللىق ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىدە 14 تۈر بويىچە توختام ئىمزالاندى، توختامدىكى سومما 237 مىليون يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا توشۇلغان يولۇچى 650 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە، پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 4 مىليون 428 مىڭ 400 يۈەنگە، ئەمەلىي ئورنىتىلغان تېلېفون 5040 توچكىغا، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ توپ سېتىلىش سوممىسى 78 مىليون 414 مىڭ يۈەنگە، بازار سودىسىدا پۈتۈشۈلگەن سومما 87 مىليون يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم 724 (بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇتقۇچى 539). ناھىيىدىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم بىر، ئوقۇغۇچىسى 87 (مىللىي)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 19 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 18)، ئوقۇغۇچىسى 16 مىڭ 858 (مىللىي 16 مىڭ 334)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 93 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 92)، ئوقۇغۇچىسى 45 مىڭ 952 (مىللىي 44 مىڭ 239)؛ مەركىزىي بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 118 (مىللىي 53). ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 2879 (مىللىي 2702). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 8 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، مەدەنىيەت - مائارىپ قۇرۇلۇش كۆلىمى 12 مىڭ 29 كۋادرات مېتىر كۆپەيتىلدى. تازغۇن يېزىسىدا 1225 كۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى مەدەنىيەت ئۇنىۋېرسال پائالىيەت مەركىزى قۇرۇلدى، بۇنىڭغا 700 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %84كە، شەھەردە تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %86.4كە يەتتى. 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا 220 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ دۆلەت يولى «315» لىنىيىسىدىكى ئوپتىك كابېل يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى پۈتكۈزۈلدى؛ 9 - ئايدا ئەرمۇدۇن يېزىسىدا چاستوتىسى تەڭشىلىدىغان رادىئو پونكىتى ۋە سۈنئىي ھەمراھ يەر يۈزى قوبۇللاش پونكىتى قۇرۇلدى؛ ناھىيە بويىچە 4 كەنتكە «ھەممە كەنتكە يەتكۈزۈش» بويىچە رادىئو، تېلېۋىزىيە يەتكۈزۈلدى. ناھىيىدە 18 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 457 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 525 كارىۋات بار.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 886 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 6674 يۈەنگە، مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 3 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە، جىسمانىي سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 4 مىليون 197 مىڭ يۈەنگە؛ مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى تۆلەم سوممىسى 1 مىليون 37 مىڭ يۈەنگە، جىسمانىي سۇغۇرتا تۆلەم سوممىسى 294 مىڭ 600 يۈەنگە، بېرىلگەن پۇل 2 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى ئەمەلىي بار ئىشسىز خادىم 427 (ناھىيە بازىرىدا) بولۇپ، 148ى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 3684 ئادەم ياشانغانلار كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا، 7778 ئادەم ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى. نامۇۋاپىق ھەق يىغىش تۈرىدىن 17 سى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، دېھقانلارنىڭ سېلىقى 28 مىليون 650 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق يېنىكلىتىلدى. 6.7 گېكتار ئىس - تۈتەك تىزگىنلەنگەن رايون قۇرۇلدى، ناھىيە بازىرىدا 72 مىڭ 212 كۋادرات مېتىر يەر كۆكەرتىلدى.

گۈلباھار خېلىل

# مارالبېشى ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

مارالبېشى ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقى ۋە تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي - شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1255 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 4، يېزا 8. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 242 مىڭ 166 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 228 مىڭ 824)، يېزا نوپۇسى 191 مىڭ 325؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰18.13، ئۆلۈش نىسبىتى ‰5، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰13.13. ناھىيە بويىچە 47 مىڭ 460 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 23 مىڭ 286.2 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 27 مىڭ 966.7 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ يەر، نۇر ئىسسىقلىق بايلىقى ئىنتايىن مول بولۇپ، مەملىكەت بويىچە كېۋەز تېرىلىدىغان چوڭ ناھىيە ھېسابلىنىدۇ. ناھىيە بويىچە 50 مىڭ گېكتاردىن

كۆپرەك توغراقلىق بار. ناھىيە دۆنيا بويىچە گاز ئۇچرايدىغان زور كۆلەملىك توغراق ئۆسىدىغان رايون ھېسابلىنىدۇ. ياۋا ئۆسۈملۈكلەردىن لوپنۇر كەندىرى، چۈچۈكبۇيا، مارالبېشى موگۇس قاتارلىقلار، قىزىلما بايلىقلاردىن نېفىت، تەبىئىي گاز، تاشتۇز قاتارلىقلار بار. ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن توققۇز ساراي قەدىمىي شەھەر خارابىلىكى، شاقۇ ئېتىمدائىي توغراقلىقى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

جكپ مارالبېشى ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: يەن فېنشىن (12 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جاڭ مىڭگۇاڭ (2000 - يىل 1 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مەتىمىن توختى.

ھاكىم: تۇرغۇن ئىمىن.

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: مۇسا تۇردى.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 454 مىليون 530 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 238 مىليون يۈەن) بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 11.9% ئۆسۈپ كەتتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). بىر يىلدا 113 مىڭ 562 توننا ئاشلىق، 41 مىڭ توننا پاختا ئېلىندى، 866.7 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 1 مىليون 170 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى، 303 گېكتار تۆۋەن ھوسۇللۇق باغ ئۆزگەرتىلدى. 6287 توننا گۆش، 3360 توننا سۈت، 940 توننا تۇخۇم، 22 مىڭ 501 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى، 170 توننا بېلىق تۇتۇلدى. ناھىيە بويىچە يېزا - بازار كارخانىسى 3585 بولۇپ، كىرىمى 95 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 48 مىليون 350 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 22 مىليون 180 مىڭ يۈەن) بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 12.89% ئۆسۈپ كەتتى؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 15 مىليون 10 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 7 مىليون 150 مىڭ يۈەن) بولۇپ، 2.85% ئۆسۈپ كەتتى. بىر يىلدا 79 مىليون 940 مىڭ كىلوۋات سائەت توك بىلەن، 2 مىليون 200 مىڭ كۇب مېتىر سۇ بىلەن تەمىنلەندى، 41 مىڭ 697 توننا پاختا، 52 مىليون دانە خىش، 4062 توننا سۇ يېغى

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 80336 | —4.6 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 61218 | —3.7 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 10172 | 88.3 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 8946 | —41.3 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 113562 | 4.28 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 46.4 | 2.56 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 7126 | —6.5 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 82339 | 24.57 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 14795 | 3.65 |
| بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 52551 | 31.18 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 2480 | —14.25 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 7758 | 8.99 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 382 مىليون 550 مىڭ يۈەن.

ئىشلەپچىقىرىلدى، 1084 توننا ئاشلىق سېتىۋېلىنىپ ئامبارغا كىرگۈزۈلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 110 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %30.67 ئاشتى. تۈرلۈك قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە 109 مىليون 430 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان تۈرلەرگە سېلىنغىنى 41 مىليون 460 مىڭ يۈەن، كېڭەيتىلىدىغان تۈرلەرگە سېلىنغىنى 23 مىليون 120 مىڭ يۈەن، ئۆزگەرتىلىدىغان تۈرلەرگە سېلىنغىنى 8 مىليون 530 مىڭ يۈەن. ئېلېكتر قۇۋۋىتى، كۆمۈر گازى ۋە سۇ ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەشكە 14 مىليون 70 مىڭ يۈەن، گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش، سۇچىلىق باشقۇرۇشقا 15 مىليون 940 مىڭ يۈەن، ئامباردا ساقلاش ۋە پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىش كەسپىگە 34 مىليون 720 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېڭىدىن كۆپەيگەن تۇراقلىق مۈلۈك قىممىتى 110 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 41 مىڭ 722 كۋادرات مېتىر ئۆي - ئىمارەت پۈتتى. ناھىيىلىك ترانسپورت شىركىتى توشۇغان يولۇچى 80 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 29 مىليون 600 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ كىرىمى 3 مىليون 487 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ كىرىمى 15 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى پروگراممىلىق تېلېفون 10 مىڭ 500 تۇچكىغا يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 717، ئالىي دەرىجىلىكى 49. ناھىيىدىكى مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ 3 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 2)، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر (مىللىي)، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 1470 (مىللىي 1227)؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 11 (مىللىي مەكتەپ)، ئوقۇغۇچىسى 12 مىڭ 551 (مىللىي 11 مىڭ 920)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 111 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 108)، ئوقۇغۇچىسى 49 مىڭ 427 (مىللىي 47 مىڭ 342)، باشلانغۇچ مەكتەپ يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى %99.9كە يەتتى. 5 مىليون 880 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 66 مىڭ 710 كۋادرات مېتىرلىق سىنىپى، 1010 كۋادرات مېتىرلىق ئىشخانىسى رېمونت قىلىندى ۋە يېڭىدىن سېلىندى، 6225 يۈرۈش پارتا - ئورۇندۇق سېتىۋېلىندى، 10 ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىندى. ناھىيە بويىچە 8568 ئادەم ساۋات چىقاردى، ساۋاتلىق بولۇش نىسبىتى %98.3كە يەتتى. ناھىيە بويىچە 4 ناھىيە دەرىجىلىك تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 12 يېزا - بازار شىپاخانىسى، سەھىيە سىستېمىسىدا 868 ئىشچى - خىزمەتچى، 610 كارىۋات، 46 يەككە ئامبۇلاتورىيە بار. ناھىيە بويىچە ھەممە يېزىدا رادىئو، تېلېۋىزىيە بولۇش ئىشقا ئاشتى، رادىئو، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100كە يەتتى. 1999 - يىلى ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ 7 تەنھەرىكەتچىسى ۋىلايەت دەرىجىلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىگە قاتنىشىپ چېمپىيون بولدى، 2 سى 2 - بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە 8 تەنھەرىكەتچى ئالتۇن مېدال ئالدى.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 720 يۈەنگە يەتتى. بازارلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچى 10 مىڭ 828 بولۇپ، بىر يىلدا 69 مىليون 530 مىڭ يۈەن مائاش تارقىتىلدى. ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 3 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 1 مىليون 475 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى. مال - مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 6 مىليون 996 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 3 مىليون 448 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى.

☆ «جۇڭگو پاختىچىلىقىدىكى 1 - ناھىيە مارالبېشى» ناملىق رەسىملىك كىتاب 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى نەشر قىلىندى.

☆ جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ مارالبېشى ۋوگزالى پۈتۈپ 12 - ئاينىڭ 6 - كۈنى تىجارەت باشلىدى.

ياڭ شىدۇڭ

# پەيزاۋات ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

پەيزاۋات ناھىيىسى قەشقەر تىنما تۈزلەڭلىكىنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىمىغا، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1338 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 11. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 295 مىڭ (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 286 مىڭ 857)، يېزا نوپۇسى 266 مىڭ 342؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰20.39، ئۆلۈش نىسبىتى ‰6.46، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰13.93. ناھىيە بويىچە 40 مىڭ 600 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 27 مىڭ 300 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز ئورنى تېرىلغۇسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 23 مىڭ 900 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى كىلىماتقا كىرىدۇ.

پەيزاۋات ناھىيىسىدىن ئاساسلىقى پاختا، قوغۇن، چۈچۈكبۇيا چىقىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ئاز مىقداردا زاراڭزا، ئاپتاپپەرەس چىقىدۇ. پاختا بىلەن قوغۇن پەيزاۋات ناھىيىسى تېرىقچىلىقىدىكى 2 چوڭ تۈۋرۈك كەسىپ ھېسابلىنىدۇ، پاختىچىلىق ئەۋزەل يېتەكچى كەسىپ ھېسابلىنىدۇ، قوغۇننىڭ ئەلا سورتلىرى كۆپ بولۇپ، پەيزاۋاتنىڭ «قوغۇن ماكانى» دېگەن چىرايلىق نامى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ پەيزاۋات ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ياڭ جىمىڭ.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مامۇت ئىسمائىل.

ھاكىم: ئابدۇغېنى ئىگەمبەردى (6 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، مۇتەللىپ ئۇبۇل (6 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: سەلەي ئابدۇللا.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 562 مىليون 681 مىڭ 100 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 408 مىليون 86 مىڭ 900 يۈەن) بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 3.4% تۆۋەنلەپ كەتتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). بىر يىلدا 147 مىڭ توننا ئاشلىق، 170 توننا ياغلىق دان، 22 مىڭ 500 توننا پاختا ئېلىندى. ناھىيە ئاشلىق ھوسۇلى جەھەتتە ئاپتونوم رايوندىكى 10 كۈچلۈك ناھىيە قاتارىغا كىردى. شۇ يىلى 757 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، پارچە - پۇرات يەرلەرگە 1 مىليون 550 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى. 12 مىڭ 56 توننا گۆش، 1500 توننا سۈت، 590 توننا يۇڭ، 376 مىڭ 600 پارچە تېرە ئېلىندى. بىر يىلدا ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 33 مىليون 441 مىڭ يۈەن مەبلەغ

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 59680 | -4.2 |
| يۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 42546 | -5.8 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 4812 | 15.6 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 12322 | -5.02 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 147013 | 2.38 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 75 | 5.63 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 8999 | 42.84 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (تۈمەن كىلوۋات) | | 6 | 6.94 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 8633 | -14.83 |
| بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 27229 | -1.43 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 1495 | -26.1 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 8174 | -26.30 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 403 مىليون 200 مىڭ يۈەن. بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ 1998 - يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 267 مىليون 230 مىڭ يۈەن بولۇشى كېرەك. 1999 - يىلدىكى مالىيە كىرىمى خەزىنىدىن قايتۇرۇپ بېرىلگەن 5 مىليون يۈەن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بېجىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

سېلىنىپ، 117 كىلومېتىر ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىلدى، 1000 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى، 32 قۇدۇق قېزىلدى. 5 مىليون 760 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 1203.47 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى. يېزا - بازار كارخانىسىدىن 2581ى بار بولۇپ، كىرىمى 83 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 63 مىليون 310 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 39 مىليون 270 مىڭ يۈەن) بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 4.5% ؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 7 مىليون 737 مىڭ يۈەن بولۇپ، 59% تۆۋەنلەپ كەتتى. بىر يىلدا 510 مىڭ كىلوۋات سائەت توك (سۇ ئېلېكترى) ، 20 مىڭ 270 توننا پاختا، 5220 توننا ئۇن، 5695 توننا سۇ يېغى، 260 توننا يەم - خەشەك، 18 مىليون 240 مىڭ دانە خىش ئىشلەپچىقىرىلدى، 296 توننا سۇيۇقلاشتۇرۇلغان نېفىت گازى، 750 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەندى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 52 مىليون 840 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنندى. شۇ يىلى ناھىيە بازىرىدىكى يەندا تۇرۇبىسى قۇرۇلۇشىنىڭ 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشى پۈتكۈزۈلۈپ، ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. ناھىيە بازىرىدىكى ئىچىملىك سۇ تۇرۇبىسىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ئومۇميۈزلۈك باشلاندى، سۇ مەنبەسى قۇرۇلۇشى پۈتتى. ئوردەكلىك يېزىسىدىن دۆلەت يولى 314 - لىنىيىسىگىچە بولغان 18 كىلومېتىر تاشيولنى قاتتىقلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى تاماملاندى. پەيزاۋات - يوپۇرغا تاشيولىنىڭ يول ئېغىزى بۆلىكىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى تاماملىنىپ، يول ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. توك يوق 3 يېزا - بازارغا توك يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى ئاساسەن تاماملاندى، بۇنىڭ بىلەن ناھىيە بويىچە ھەممە يېزا - بازارغا توك يەتكۈزۈش ئىشقا ئاشتى. بىر يىلدا پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 5 مىليون 694 مىڭ 600 يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى پروگراممىلىق تېلېفون 4563 توچكىغا يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 837 (مىللىي 717) . ناھىيىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 121 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 120) ، ئوقۇغۇچىسى 55 مىڭ 938 (مىللىي 55 مىڭ 443) ؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 15 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 14) ، ئوقۇغۇچىسى 15 مىڭ 280 (مىللىي 15 مىڭ 113) ؛ بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 210 (مىللىي 110). ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 3099 (مىللىي 2920) . رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 95%كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 90%كە يەتتى. ناھىيە بويىچە 16 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 731 سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 660) ، 552 كارىۋات بار.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى ناھىيە بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 784 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 10 مىڭ 377 (توختاملىق ئىشچى - خىزمەتچى 356) بولۇپ، بىر يىلدا 63 مىليون 820 مىڭ يۈەن مائاش تارقىتىلدى. بازارلاردا 310 ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. تۈرلۈك سۇغۇرتا سوممىسى 158 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 1 مىليون 437 مىڭ 800 يۈەن تۆلەم تۆلەندى.

☆ 7 — 8 - ئايلاردا پەيزاۋات ناھىيىسىگە يەۋقۇلئاددە زور كەلكۈن كەلدى، 8 يېزا - بازارنىڭ 62 كەنتىدىكى 2295 ئائىلە، 11 مىڭ 316 ئادەم ئاپەتكە ئۇچرىدى، 4031 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى، 3646 تۇياق چارۋا ئۆلدى، 5026.67 گېكتار يەردىكى زىرائەت ئاپەتكە ئۇچرىدى، بۇنىڭ ئىچىدە 3466.67 گېكتار يەردىن ھوسۇل چىقمىدى، بىۋاستە ئىقتىسادىي زىيان 68 مىليون 225 مىڭ 400 يۈەنگە يەتتى.

يۈ تيەنگبىن، چاڭ لىن

# يوپۇرغا ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

يوپۇرغا ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىگە، گەز دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىغا جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1560 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 8، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق مەيدانى، چارۋىچىلىق فېرمىسى 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۇەن 42 - تۇەن - مەيدانىنىڭ نوپۇسى بۇنىڭ سىرتىدا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) 125 مىڭ 192 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 121 مىڭ 833) ، يېزا نوپۇسى 102 مىڭ 679؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 16.67‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 7.48‰. ناھىيە بويىچە 20 مىڭ 614 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 11 مىڭ 333 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېتىز ئورنى تېرىلغۇ كۆلىمى 4666 گېكتار) ، 11 مىڭ 521 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (كېۋەز 11 مىڭ 333 گېكتار) تېرىلدى. كىلىماتى تىپىك

قۇرۇقلۇق تېپەدىكى كىلىماتقا كىرىدۇ.

يوپۇرغا ناھىيىسى دۆلەتنىڭ سۈپەتلىك ئىنچىكە تۈۋتلىك پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسى. «يېڭى يوپۇرغا —1» كېۋىزى 40 نەچچە يىل تاللاپ يېتىشتۈرۈش ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن يۇقىرى ھوسۇللۇق، سۈپەتلىك، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرالايدىغان يېڭى سورت. ناھىيە تەۋەسىدە ئۆزلەشتۈرۈشكە بولىدىغان 100 مىڭ گېكتار يەر بار. ناھىيىنىڭ يېرى گەز، قىزىل، يەكەن دەريالىرىنىڭ سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدۇ، شۇڭا بۇ ناھىيە قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە يېرى 3 دەريانىڭ سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدىغان بىردىنبىر ناھىيە ھېسابلىنىدۇ.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ يوپۇرغا ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: خې خەييۈەن.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مەخمۇت ئەخمەت.

ھاكىم: جەرۇللا ھىساميدىن (3 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، غۇلامجان ئابدۇرۇسۇل (3 - ئايدا مۇۋەققەت ھاكىم بولدى).

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئابدۇرېشىت ناسىر.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 242 مىليون 448 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 185 مىليون 374 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %10.3 ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). بىر يىلدا 58 مىڭ 468 توننا ئاشلىق، 500 توننا ياغلىق دان، 15 مىڭ 99 توننا پاختا (سېتىۋېلىنغان سان) ئېلىندى. 464.6 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، پارچە - پۇرات يەرلەرگە 880 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى. بىر يىلدا 5439 توننا ھەرخىل مېۋە - چېۋە، 3716 توننا گۆش، 1440 توننا سۈت، 350 توننا قوي يۇڭى، 2 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 95 مىڭ 500 پارچە كالا، قوي تېرىسى ئېلىندى. 1 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ئېگىز ئۆستەڭنىڭ ھالالنىڭ ئايغىدىكى بۆلىكىنىڭ 2 كىلومېتىر يېرىنى سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ، سېمونت تاختا ياتقۇزۇپ قوش قەۋەت سۇ سىڭمەسلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى تاماملاندى. 8 مىليون 737 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، تېرىم غول ئۆستىڭىنىڭ 8.6 كىلومېتىر قىسمىغا سېمونت تاختا ياتقۇزۇپ سۇ سىڭمەسلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى تاماملاندى، بۇنىڭ

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 25474 | —5.9 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 11229 | |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 2956 | |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 11289 | |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 58468 | 16.8 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 25 | 8.7 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 3721 | 5.02 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 42497 | 18.75 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 6984 | 5.79 |
| بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 13974 | —8.76 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 1110 | 9.79 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 5868 | —5.49 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 220 مىليون 550 مىڭ يۈەن.

بىلەن يىلىغا 20 مىليون كۇب مېتىر سۇ كۆپىيىدۇ. 980 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ناھىيىگە سۇ يەتكۈزۈلىدىغان غول ئۆستەڭنىڭ 1.4 كىلومېتىر قىسمىنىڭ دامبىسىغا سېمونت تاختا بېسىپ ئاسراش قۇرۇلۇشى تاماملاندى. شۇ يىلى 13 مىليون 410 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ 76 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، بۇ قۇدۇقلاردىن كۈنىگە 91 مىڭ 200 كۇب مېتىر سۇ تارتىلىدۇ. بىر يىلدا 1498.5 گېكتار بوزيەر ئېچىلدى. يېزا - بازار كارخانىسىدىن 2759ى بار بولۇپ، كىرىمى 37 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 34 مىليون 670 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 20 مىليون 900 مىڭ يۈەن) بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 14.3% تۆۋەنلەپ كەتتى. بىر يىلدا 2214 توننا ئۇن، 1402 توننا سۇ يېغى، 11 مىڭ 820 توننا پاختا، 981 توننا قىسقا پاختا تىۋىتى، 5 مىليون دانە خىش، 331 توننا دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۇلياۋ بوپۇق، 927 كۇب مېتىر بېتون قۇيۇلما، 510 مىڭ توننا تورۋا سۇيى ئىشلەپچىقىرىلدى. تۇراقلىق مۈلۈككە 83 مىليون 750 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 8 مىليون 420 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ئاخۇنلۇقۇم تاشيولىنىڭ 26.4 كىلومېتىر قىسمىغا شېغىل ياتقۇزۇش قۇرۇلۇشى تاماملاندى. يۈك توشۇش مىقدارى 5 مىليون 188 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى توشۇش مىقدارى 973 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 390 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە، پروگراممىلىق تېلېفون 2843 توچكىغا، بازار سودىسىدا پۈتۈشۈلگەن سومما 5 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا يوپۇغا ناھىيىسى شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ شىشۇ ناھىيىسى، چۇفۇ شەھىرى، جىنشياڭ ناھىيىسى، ۋۇليەن ناھىيىسى بىلەن دوست ناھىيە - شەھەر بولدى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 417 (ئالىي دەرىجىلىكى 18، ئوقۇتقۇچىلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە). ناھىيىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 82 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 80)، ئوقۇغۇچىسى 21 مىڭ 879 (مىللىي 21 مىڭ 258)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 12 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 10)، بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 7384 (مىللىي 7132). باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 735، ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 448. مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 2 مىليون 420 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 4333 كۋادرات مېتىر قۇرۇلۇش پۈتكۈزۈلدى. ناھىيە، يېزا، كەنت، ئاھالىلەر گۇرۇپپىسىدىن ئىبارەت 4 دەرىجىلىك كادىرلار پەن - تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەندى. بىر يىلدا 5164 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى؛ 49 مىڭ 164 دېھقان (قېتىم) تەربىيىلەندى. ناھىيە بويىچە رادىئو، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى ئوخشاشلا 100% كە يەتتى. ناھىيە بويىچە 12 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى (يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى بىر)، 456 سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 325 كارىۋات (ناھىيە دەرىجىلىك دوختۇرخانىدىكىسى 160) بار. پىلانلىق تۇغۇتتا «ئۈچنى ئاساس قىلىش» ئاپتونوم رايوننىڭ قايتا تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى (يېشىل ياقۇت دراما ئۆمىكى) شائىخەي، خاڭجۇلارغا بېرىپ 500 نەچچە مەيدان ئويۇن قويۇپ، 140 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدى.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ساپ كىرىمى 750.59 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە 8303 ئىشچى - خىزمەتچى بار بولۇپ، ئۇلارغا بىر يىلدا 46 مىليون 950 مىڭ يۈەن مائاش تارقىتىلدى. تۇرلۇك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 3 مىليون 397 مىڭ يۈەن (مال - مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 3 مىليون 20 مىڭ يۈەن، جىسمانىي سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 377 مىڭ يۈەن) گە، تۆلەم سوممىسى 1 مىليون 467 مىڭ يۈەن (مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى تۆلەم سوممىسى 1 مىليون 377 مىڭ يۈەن) گە يەتتى. 8 مىليون 430 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ناھىيە بازىرىدىكى ئاساسىي غول يول - ئەۋزەلقۇم يولىنىڭ 1730 مېتىر قىسمى ئۆزگەرتىلدى، يول يۈزى 18 مېتىردىن 38 مېتىرغا كېڭەيتىلدى (كۆكەرتىلگەن يەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە). 2 مىليون 700 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 200 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق مەدەنىيەت مەيدانى ياسالدى. 2 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 2700 كۋادرات مېتىرلىق ماكانلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى قىلىندى. 2 مىليون 820 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ئەشمە، سىيەك يېزىلىرىنىڭ ئېلېكتر تورى ۋە ناھىيە بازىرىدىكى ئاساسىي غول يولدىكى 1730 مېتىر ئېلېكتر تورى ئۆزگەرتىلدى. 3 مىليون 840 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 4 سۇ زاۋۇتى قۇرۇلدى، كومپيۇتېر ئارقىلىق كونترول قىلىنىدىغان، ئۆزگىرىشچان چاستوتا ئارقىلىق سۈرئەت تەڭشەيدىغان تۇراقلىق بېسىملىق مۇنارسىز سۇ بىلەن تەمىنلەش ئۈسكۈنىسى كىرگۈزۈلدى، 97.75 كىلومېتىر غول تورۇبا ياتقۇزۇلۇپ، 3549 ئائىلىگە تورۇبا سۇيى كىرگۈزۈلۈپ، 17 مىڭ 200 ئادەمنىڭ، 54 مىڭ تۇياق

چارۋىنىڭ ئىچىدىغان سۈيى ھەل قىلىندى. شۇ يىلى 216 ئائىلىدىكى 981 ئادەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. بىر يىلدا 337 ئادەمگە شەھەرلەرنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەتلىك سوممىسى، تۇرمۇش پۇلى ئۈچۈن 126 مىڭ 400 يۈەن، «بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلە» دىكى 300 ئادەمگە 134 مىڭ 800 يۈەن تۇرمۇش قوشۇمچە ياردەم پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى. بىر يىلدا تەبىئىي ئاپەتكە ئۇچرىغان 6172 ئادەم (قېتىم) گە 668 مىڭ يۈەن تارقىتىپ بېرىلدى.

☆ 4 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە 30 سائەت بوران چىقتى، بۇنىڭ ئىچىدە شامالنىڭ سېكۇنتلۇق تېزلىكى 17 مېتىرغا يەتكەن ۋاقىت 22 سائەتكە يەتتى، ناھىيە بويىچە 2000 گېكتار يەردىكى كېۋەز ئاپەتكە ئۇچرىدى، 333 گېكتار يەردىكى كېۋەز نابۇت بولدى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 2 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ناھىيە يەنە 8 بال بوراننىڭ زەربىسىگە ئۇچرىدى، 4006 گېكتار يەردىكى كېۋەز، 400 گېكتار يەردىكى مېۋىلىك دەرەخ ئاپەتكە ئۇچرىدى، 5 مىليون 70 مىڭ يۈەن زىيان بولدى.

شىې فۇۋاڭ

# يېڭىسار ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

يېڭىسار ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە، كۇئېنلۇن تاغ سىستېمىسىدىكى قوڭغۇر چوققىسىنىڭ شەرقىي - شىمالىي ئېتىكىگە، كۇئېنلۇن تېغىنىڭ كۈنگەي تەرىپىدىكى ئېدىرلىق ۋە قەشقەر تۈزلەڭلىكىگە جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1541 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 13. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 213 مىڭ 400 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 209 مىڭ 700)، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا نوپۇسى 166 مىڭ؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 17.39‰، ئۆلۈش نىسبىتى 5.80‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 11.59‰. ناھىيە بويىچە 24 مىڭ 771.4 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 17 مىڭ 740 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (بۇنىڭ ئىچىدە ئېگىز ئورنى تېرىلغۇ كۆلىمى 8000 گېكتار)، 8296.7 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بولۇپ، ئۇنىڭ قۇرغاقچىلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

يېڭىسار ناھىيىسىدىن داڭلىق يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن بادام، سەمەت ئۆرۈكى، جۈڭگو ۋە چەت ئەللەرگە داڭلىق مىللىي ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇمى — يېڭىسار پىچىقى چىقىدۇ.

ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن چاكاندا، چۈچۈكبۇيا، ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن ئۇلار قاتارلىقلار، قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، مەرمەر، چېرىستال، گۈڭگۈرت، كان تۇزى، قوغۇشۇن، ھاك تېشى، شور، نېفىت قاتارلىقلار بار، بۇنىڭ ئىچىدە كۆمۈرنىڭ زاپاس مىقدارى 25 مىليون توننىغا، ھاك تېشىنىڭ زاپىسى 36 مىليون توننىدىن كۆپرەككە يېتىدۇ، تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان نېفىتنىڭ زاپاس مىقدارىمۇ ناھايىتى مول.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ يېڭىسار ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: گو پىڭ.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: گۈلخان كەنجى.

ھاكىم: ياسىن تۇرسۇن.

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: مەھەممەت جۇرۇپ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 317 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا 103 مىڭ 236 توننا ئاشلىق، 19 مىڭ 55 توننا ياغلىق دان، 9500 توننا پاختا ئېلىندى. 1604 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، ئانار بازىسى 66.7 گېكتارغا، ياڭاق بازىسى 66.7 گېكتارغا يەتتى. ناھىيە قەشقەر ۋىلايىتى تەرىپىدىن مېۋىچىلىك قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ناھىيە بولۇپ باھالاندى. 6243 توننا گۆش ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 9 مىليون 445 مىڭ 700 يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 54.54 ئىش كۈنى سەرپ قىلىنىپ 36.3 كىلومېتىر سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى، 1866.7 گېكتار تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز ئۆزگەرتىلدى، 533.3 گېكتار بوز يەر ئېچىلدى، 160 گېكتار شورلۇق يەر ئۆزگەرتىلدى، 62 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، 1580 گېكتار يەرنىڭ سۇغىرىش شارائىتى ياخشىلاندى. يېڭىدىن 71.3 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 46 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 1.1% ئاشتى. بىر يىلدا 22 مىليون 890 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 38 مىڭ توننا كۆمۈر، 25 مىڭ 800 توننا سېمونت ئىشلەپچىقىرىلدى، 130 توننا مېۋە - چېۋە پىششىقلاندى، 140 مىڭ پىچاق ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 52 مىليون 900 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يولۇچى ئوبوروت

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 36390 | 3.2 |
| يۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 23508 | —15.1 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 4095 | 5.6 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 8787 | |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 103236 | 10.1 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 36.55 | 1.53 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 6134 | 17.96 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 51791 | —2.93 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 6836 | —5.1 |
| بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 22764 | 7.27 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 1143 | —13.01 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 5795 | 8.58 |

**ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 256 مىليون 710 مىڭ يۈەن.**

مىقدارى 19 مىليون 370 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 1 مىليون 12 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، پوچتا - تېلېگراف كەسپىي كىرىمى 2 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە، پروگراممىلىق تېلېفون 5000 توچكىغا، بازار سودىسىدا پۈتتۈشۈلگەن سومما 37 مىليون 603 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 476. ناھىيىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 16 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 15)، ئوقۇغۇچىسى 14 مىڭ 455 (مىللىي 14 مىڭ 255)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 71 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 70)، ئوقۇغۇچىسى 41 مىڭ 905 (مىللىي 41 مىڭ 305). ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 2217 (مىللىي 2147). بىر يىلدا مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 9 مىليون 296 مىڭ 600 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %85كە، رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98كە يەتتى. ناھىيە بويىچە 18 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 171 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 589 كارىۋات بار. 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى يېڭىسار ناھىيىسى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن پىلانلىق تۇغۇتتا «ئۈچنى ئاساس قىلىش» بويىچە لاياقەتلىك ناھىيە بولۇپ باھالاندى. 1999 - يىلى 18 تەنھەرىكەتچى مەملىكەتلىك، ئاپتونوم رايونلۇق مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىپ، 16 ئالتۇن مېدال، 3 كۈمۈش مېدال، 3 مىس مېدال ئالدى.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 647 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 8466 بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 7199 يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا كەسپى سوممىسى 3 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا 1491 ئائىلىدىكى 5008 ئادەمگە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش بويىچە يار يۆلەك بولۇندى.

☆ 8 - ئاينىڭ 1 - ۋە 2 - كۈنلىرى يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ سۆگەت، قىزىل، توپلۇق، ئېگىز يەر يېزىلىرى قارا يامغۇردىن ھاسىل بولغان كەلكۈننىڭ ھۇجۇمىغا

ئۆچۈردى، كەلكۈن پەللىسىنىڭ ئەڭ زور ئېقىن مىقدارى 600 كۇب مېتىر/سېكۇنتقا يەتتى، كەلكۈن 12 سائەت داۋاملىشىپ، 24 مىليون يۈەنلىك بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان پەيدا قىلدى.

جۇڭ چاڭپىڭ

# مەكىت ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

مەكىت ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىغا، يەكەن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىمىغا ۋە تىزناپ دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىغا جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1410 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 9. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 169 مىڭ 232 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 156 مىڭ 641)، يېزا نوپۇسى 131 مىڭ 3؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰16.2، ئۆلۈش نىسبىتى ‰5.99، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰10.21. ناھىيە بويىچە 34 مىڭ 333 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 17 مىڭ 360 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز ئۆرنى تېرىلغۇ كۆلىمى 7520 گېكتار)، 24 مىڭ 493 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (كېۋەز كۆلىمى 22 مىڭ 226 گېكتار) تېرىلدى. كىلىماتى قۇرغاقلىق تېپىدىكى كىلىماتقا كىرىدۇ.

مەكىت ناھىيىسى دۆلەت، ئاپتونوم رايوننىڭ كېۋەز ئۇستۇرۇش بازىسى بولۇپ، سۈپەتلىك ئىنچىكە تىۋىتلىك پاختا ۋە ئۇزۇن تالالىق پاختا كۆپ چىقىدۇ. ئۆرۈك، شاپتۇل، ئۈزۈم، نەشپۈت، ئالما، چىلان كۆلىمى 5.718 گېكتارغا يېتىدۇ. چارۋا جەھەتتە دولان قويى داڭلىق. ھەر يىلى يەكەن، تىزناپ دەريالىرىدىن 800 مىليون كۇب مېتىر سۇ باشلىنىدۇ. 30 مىڭ 466 گېكتار ئورمان بار. ناھىيە بويىچە ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 2%كە، دېھقانچىلىق رايونلىرىدا 38.26%كە يېتىدۇ. 27 مىڭ 200 گېكتار تەبىئىي چىملىق بار، پايدىلىنىشقا بولىدىغان 44 مىڭ 186 گېكتار ئوتلاق بار. ئەتىۋارلىق ھايۋانلاردىن سار، قىزىل لاچىن، بايقۇش بار، بۇلار دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان قۇش ھېسابلىنىدۇ. ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن چۈچۈكبۇيا، توشقان زەدىكى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ مەكىت ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: گاۋ جيەنجۇن.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئەكبەر ئەدىر (ئۆزبېك).

ھاكىم: ئابدۇقېييۇم مەھەممەت.

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: قاۋۇل توختى.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 463 مىليون 670 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 305 مىليون 280 مىڭ يۈەن) بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 15.32% ئۆسۈپ كەتتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). بىر يىلدا 93 مىڭ 194 توننا ئاشلىق، 263 توننا ياغلىق دان، 27 مىڭ 550 توننا پاختا ئېلىندى. شۇ يىلى 775 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 52 گېكتار يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى. 6308 توننا گۆش، 3681 توننا سۈت، 214 مىڭ 400 پارچە تېرە، 444 توننا تىۋىت - يۇڭ، 1072 توننا تۇخۇم، 180 توننا بېلىق ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 13 مىليون 675 مىڭ 900 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 95 يورۇشلەشكەن ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، 48.22 كىلومېتىر يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى تارتىلدى، 27 سۇ تەقسىملەش تۇمىسى، 39 سۇ بۆلۈش تۇمىسى، بىر كۆۋرۈك ياسالدى. 48.12 كىلومېتىر سۇلياۋ يوپۇق يېپىلغان سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ، 6.0 كىلومېتىر سېمونت تاختا يېپىلغان سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى. 11 مىڭ گېكتار يەر تۈزلەندى، 140 گېكتار بوز يەر ئېچىلدى. 140 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى، 4126 گېكتار تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز ئۆزگەرتىلدى. 100 كىلومېتىر ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىلدى، 373 كىلومېتىر ئېرىق - ئۆستەڭ رېمونت قىلىندى، 39.2 كىلومېتىر زەيكەش تۈزەشتۈرۈلدى، 178 كىلومېتىر يول، 90 كىلومېتىر ئورمان بەلۋېغى ياسالدى، 86.2 كىلومېتىر ئورمان بەلۋېغى رېمونت قىلىندى، 3666 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى. يېزا - بازار كارخانىسى 2420 بولۇپ، كىرىمى 36 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت قوشۇلما قىممىتى 21 مىليون 660 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 42 مىليون 360 مىڭ يۈەن) بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 26.07% ئۆسۈپ كەتتى. بىر يىلدا 42 مىليون 130 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 6 مىليون 320 مىڭ دانە خىش ۋە قۇم خىش، 350 كۇب مېتىر سېمونت قۇيۇلما، 5699 دانە ئۆي جاھازىسى، 5500 قۇر كىيىم - كېچەك، 1980 توننا دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۇلياۋ

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 53259 | -20.17 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | 93194 | 4.52 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | 51 | 2 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 3432 | 2.11 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | 50453 | -2.93 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | 10921 | -19.85 |
| بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | 34773 | 5.50 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | 2605 | -2.51 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | 6505 | 3.6 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 382 مىليون 630 مىڭ يۈەن.

يوپۇق ۋە سۇلياۋ ياسالما، 33 مىڭ 240 توننا ساپ پاختا، 1 مىليون 240 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى، 2318 توننا مىۋە يېغى، 3112 توننا ئۇن ئىشلەپچىقىرىلدى. 14 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ناھىيە بازىرىدىكى 2.2 كىلومېتىر ئاساسىي غول يول كېڭەيتىلدى، 2.3 گېكتار كۆلەمدىكى خەلق مەيدانى ياسالدى. 1 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 12 كىلومېتىر ئاسفالت يول ياسالدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 32 مىليون 840 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 23 مىليون 290 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 60 مىليون 140 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 8 مىليون 196 مىڭ يۈەنگە، پروگراممىلىق تېلېفون 5000 تۈچكىغا، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 71 مىليون 665 مىڭ يۈەنگە، بازار سودىسىدا پۈتۈشۈلگەن سومما 58 مىليون يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار تېخنىكا خادىمى 752 (بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي 648، ئوقۇتقۇچى 564). شۇ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ پەن تەتقىقات تۈرىدىن بىرى يەنى رايونلاشتۇرۇلغان ئاللانغان ئورۇق بازىسى قۇرۇلۇشى؛ ۋىلايەتنىڭ 2 تۈرى يەنى يېڭى سورتلارنىڭ يۈزلىنىشى، تۇپراقنى تەكشۈرۈپ نىسبەت بويىچە ئوغۇتلاش تۈرى تاماملاندى. ناھىيىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 18 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 16)، ئوقۇغۇچىسى 9881 (مىللىي 8707)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 80 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 72)، ئوقۇغۇچىسى 30 مىڭ 107 (مىللىي 26 مىڭ 754). ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 1901 (مىللىي 1627). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 739 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 9 - ئايدا قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە 6 يېزا ئىگىلىك مەدەنىيەت تېخنىكا مەكتىپى ۋە 4 ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپنى تەكشۈرۈپ باھالىدى، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتى ئۆلچەمگە يەتتى. «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتىنى مۇستەھكەملەش تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى. 1999 - يىلى جۇڭگو يېڭى دەۋر خەلق رەسساملىرى تەكلىپ كۆرگەزمىسىدە «دېھقان شاتلىقى» مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، «قۇملۇق نۇرى»، «يېزا ئىگىلىكى»، «شاتلىق» مۇنەۋۋەر مۇكاپاتقا ئېرىشتى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %85كە يەتتى. ناھىيە بويىچە 19 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 405 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 313)، 442 كارىۋات بار. يېزا تېببىي

داۋالاش تورىنىڭ قاپلاش كۆلىمى 89%كە يەتتى، يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ تارقىلىش نىسبىتى 39.0%كە چۈشتى. 9 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە ۋالىبول، قارىغا ئېتىش، قەدىمچە چېلىشىشتا بىردىن ئالتۇن مېدال قولغا كەلتۈرۈلدى.

### خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 1231 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مائاشى 7941 يۈەنگە يەتتى. سوغۇرتا سوممىسى 137 مىليون 830 مىڭ يۈەنگە، سوغۇرتا ھەققى كىرىمى 2 مىليون 974 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ تۆلەم دېلوسى 170 بولۇپ، 2 مىليون 990 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى. دۆلەت 24 كارخانىسى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پېنسىيە پۇلىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا، 2045 ئادەم پاشانغانلار كۆتۈنۈش سوغۇرتىسىغا قاتناشتى. بىر يىلدا 3 مىليون 420 مىڭ يۈەن ياشانغانلار كۆتۈنۈش پۇلى يىغىلدى، 2 مىليون 960 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىندى. 297 ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 159 ئائىلىدىكى 717 ئادەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. 4 مىليون 540 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ 5 سۇ زاۋۇتى قۇرۇلدى ۋە ئۆزگەرتىلدى، 195 كىلومېتىر تورۇبا ياتقۇزۇلۇپ، 31 مىڭ 900 دېھقان، چارۋىچى ۋە 64 مىڭ 700 تۇياق چارۋىنىڭ ئىچىدىغان سۇيى ھەل قىلىندى. 14 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 23 مىڭ 110 كۋادرات مېتىر ئۆي سېلىنىپ، 317 ئائىلىنىڭ تۇرالغۇ ئۆيى ھەل قىلىندى. بازارنى باغۋارانلاشتۇرۇش ئۈچۈن 20 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى، 150 گېكتار يەر كۆكەرتىلدى، يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 15%كە يەتتى.

☆ 8 - ئاينىڭ 2 — 13 - كۈنلىرى يەكەن دەرياسى بىلەن تىزناپ دەرياسى يار ئېلىپ كېتىپ ناھىيە بويىچە 7 يېزا 30 كەنتتىكى 705 ئائىلە 2800 ئادەم كەلكۈننىڭ ھوجۇمىغا ئۇچرىدى. بىر ئادەم ئۆلدى، 127 ئادەم يارىلاندى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 12 مىليون 436 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

☆ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى مەكىت ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى خې يۈشياڭغا «كۆزگە كۆرۈنگەن ئون چاكارنىڭ بىرى» دەپ نام بەردى.

خۇەن جاۋمىڭ

## يەكەن ناھىيىسى

### ئاساسىي ئەھۋالى

يەكەن ناھىيىسى قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، پامىر ئېگىزلىكىنىڭ باغرىغا، تەكلىماكان قۇملۇقى بىلەن بوگۇر قۇملۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يەكەن دەرياسىنىڭ يۇقىرى، ئوتتۇرا ئېقىمىدىكى تىنما تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1666 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق رايونلۇق مەھكىمە 7، بازار 7، يېزا 22، دۆلەت دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق مەيدانى 7. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 613 مىڭ 671 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 592 مىڭ 563)، يېزا نوپۇسى 522 مىڭ 578؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 18.71‰، ئۆلۈش نىسبىتى 7.21‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 11.5‰. ناھىيە بويىچە 84 مىڭ گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 62 مىڭ گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائەتى (ئېگىز ئورنى تېرىلغۇسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 47 مىڭ گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (بۇنىڭ ئىچىدە كېۋەز 40 مىڭ 400 گېكتار) تېرىلدى. كېلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

يەكەن ناھىيىسىنىڭ بادىمى شىنجاڭغا داڭلىق. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان قولدا ياسالغان پىچاق ساياھەتچىلەر تالىشىپ سېتىۋالىدىغان مالغا ئايلاندى. ناھىيە بويىچە يەر ئۈستى سۈيىنىڭ ئېقىن مىقدارى 7 مىليارد 221 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 35 مىڭ 200 گېكتار ئورمانلىق بار، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 1.5%كە يەتتى. پايدىلىنىشقا بولىدىغان 48 مىڭ 700 گېكتار ئوتلاق بار. ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن چۇچۇكبۇيا، چاكاندا، سوغىگۈل، قانتېپەر قاتارلىقلار بار، بۇنىڭ ئىچىدە چۇچۇكبۇينىڭ مەھسۇلات مىقدارى بىر قەدەر كۆپ. ئاساسلىق قېزىلما بايلىقلاردىن مىس، تۆمۈر، سىنىك، فوسفور، گۈڭگۈرت، گەج، تاشپاختا، يېشىل قاشتېشى، چىرىمتال، كۆمۈر قاتارلىقلار بار، كۆمۈر ھازىر قېزىلىۋاتىدۇ. مەشھۇر ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن قارسۇ قۇملۇق مەنزىرىسى، دامىس ئىپتىدائىي ئورمانلىقى، مۇقامشۇناس ئامانىساخاننىڭ قەبرىگاھى بار.

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ يەكەن ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋاڭ شياۋنىڭ.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: تۇرسۇن ئوسمان.

ھاكىم: قۇدرەت ئېزىز (6 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ئابدۇغېنى ئىگەمبەردى (6 - ئايدا مۇۋەققەت ھاكىم بولدى).

سىياسىي كېڭەش 9 - ئۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: سادىق جۇمە.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 772 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %1.3 ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). بىر يىلدا 346 مىڭ 780 توننا ئاشلىق ئېلىندى، 53 مىڭ توننا پاختا سېتىۋېلىندى. 1566.67 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، (بۇنىڭ ئىچىدە بادام 203.87 گېكتار). 87.158 گېكتار يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى، 1 مىليون 570 مىڭ تۈپ ئومۇمىي خەلق مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىلدى، 100 نەچچە كىلومېتىر ناھىيە دەرىجىلىك قۇملۇق تايانچ ئىھاتە ئورمىنى بەرپا قىلىندى. 3000 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا 6 ئۈزۈم كارىدورى بەرپا قىلىندى. بىر يىلدا 16 مىڭ 270 توننا گۆش، 5132 توننا سۈت، 905.6 توننا يۇڭ، 1491 توننا تۇخۇم، 1040 توننا سۇ مەھسۇلاتى، 215 توننا پىلە قوزىسى ئېلىندى. سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 109 مىليون 249 مىڭ 600 يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 150 كىلومېتىر ھەر دەرىجىلىك سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى، 149 كىلومېتىر ئېرىق - ئۆستەڭ يېڭىدىن چېپىلدى، 2333.33 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى، 70 گېكتار يەردە يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا بويىچە سۇ تېجەپ يەر سۇغىرىش يولغا قويۇلدى، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن 200 قۇدۇق قېزىلدى، 3000 گېكتار تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز ئۆزگەرتىلدى. 1998، ۋە 1999 - يىللىرى ئۆزدا 20 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن چوڭ، ئوتتۇرا دېھقانچىلىق سايمىنى يېڭىلاندى، ئۇنىۋېرسال ماشىنىلىشىش دەرىجىسى %73.12كە يەتتى. يېزا ئىقتىسادىي كىرىمى 912 مىليون يۈەنگە، يېزا - بازار كارخانىسى 8383كە، كىرىمى 166 مىليون يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 92 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا 140 مىليون كىلوۋات سائەت توك، 86 مىڭ 200 توننا كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 160 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 100 مىليون 780 مىڭ يۈەن. دۆلەت ئورۇنلىرى سالغان مەبلەغ 155 مىليون 680 مىڭ يۈەن، كوللېكتىپ ئورۇنلار سالغان مەبلەغ 1 مىليون 280 مىڭ يۈەن. تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىغا 29 مىليون 350 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 98 مىڭ 420 كۋادرات مېتىر ئۆي - ئىمارەت سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 45 مىڭ 989 كۋادرات مېتىر. 1999 - يىلى كۆلىمى 10 گېكتار كېلىدىغان، يۇندىنى ئوكسىگېنلاشتۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىش كۆلچىكى پۈتكۈزۈلۈپ ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. 200 كۇب مېتىرلىق سۇيۇقلاشتۇرۇلغان نېفىت گازى ساقلاش پونكىتى قۇرۇلدى. ناھىيىلىك «خەلق» دوختۇرخانىسىنىڭ كېسەلخانا قۇرۇلۇشى تۈرى پۈتكۈزۈلۈپ ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. كاچۇڭ 2 - دەرىجىلىك ئېلېكتر ئىستانسىسى ئاساسەن پۈتتى. ترانسپورت

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 54521.69 | —3.4 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | 346780 | 6.68 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | 120.48 | 0.88 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 15265 | 9.8 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | 125814 | —0.9 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | 12930.2 | 0.6 |
| بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | 84060 | 0.03 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | 5899 | —3.01 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | 13846 | 18.6 |

كەسپىنىڭ تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلىپ يېڭىۋاشتىن پاي ھەمكارلىق تۈزۈمىدىكى شىركەت قىلىپ تەشكىللەندى، يۈك ئاپتوموبىللىرى ئاساسەن خۇسۇسىلارنىڭ ئىگىدارلىقىغا ئۆتكۈزۈلدى، ئاپتوموبىلنىڭ ئازىيىشى نەتىجىسىدە توشۇلىدىغان يۈك ئازايدى، بىر يىلدا توشۇلغان يۈك 2000 توننىغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 54 مىڭ 734 توننا - كىلومېتىرغا، پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 8 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى تېلېفون ئابونېنتى 12 مىڭ 3 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا تېلېفونى ئابونېنتى 2075. سىمسىز چاقىرغۇ ئابونېنتى 2820 گە، يانتېلېفون 1374 كە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 1056 (ئوقۇتقۇچى، سىياسىي خىزمەت ئوقۇتقۇچىلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، بۇنىڭ ئىچىدە كاندىدات ئالىي ئۇنۋانى بارلار 63، ئالىي ئۇنۋانى بارلار 2. شۇ يىلى ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پەن تەتقىقات تۈرىدىن 9ى تاماملاندى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىك پەن تەتقىقات تۈرى 4، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پەن تەتقىقات تۈرى 3. دۆلەت دەرىجىلىك تۈرلەر مۇنۇلار: دۆلەت پاختا سورتىنى رايونلار بويىچە تەجرىبە قىلىشقا دائىر يىل ئاخىرىدىكى دوكلات (خۇاڭخې ۋادىسىدىكى ئەتىيازلىق كېۋەز سورتىنى رايونلار بويىچە تەجرىبە قىلىش گۇرۇپپىسى)، 1999 - يىللىق دۆلەت كۆممىقوناق سورتىنى رايونلار بويىچە تەجرىبە قىلىشقا دائىر يىل ئاخىرىدىكى دوكلات (غەربىي شىمال ئەتىيازلىق كۆممىقوناق گۇرۇپپىسى)، ئاپتونوم رايون غەربىي شىمال ئىچكى قۇرغۇقلۇق كېۋىزىنى رايونلار بويىچە تەجرىبە قىلىش (7 - قېتىملىق)، ئاپتونوم رايون غەربىي شىمال ئىچكى قۇرغۇقلۇق كېۋىزىنى رايونلار بويىچە تەجرىبە قىلىش (8 - قېتىملىق). ناھىيىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 34، باشلانغۇچ مەكتەپ 222، ئوقۇغۇچىسى 150مىڭ 973 (مىللىي 145 مىڭ 239)، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 2199، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 3411. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %99كە يەتتى. ناھىيە بويىچە تېلېۋىزىيە كۆچەيتىش ئىستانسىدىن 18ى، سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىدىن بىرى بار، 2000 ئائىلىگە سىملىق تېلېۋىزىيە سىمى تارتىلدى. ناھىيە دەرىجىلىك بىر مەدەنىيەت يۇرتى بار. بىر كۇتۇپخانا بار بولۇپ، ئۇنىڭدا 978 مىڭ نۇسخا كىتاب ساقلىنىۋاتىدۇ. ناھىيە بازىرىدا 8 تىببىي داۋالاش ئاپپاراتى، يېزا - بازارلاردا 29 تىببىي داۋالاش ئاپپاراتى، 1283 كارىۋات، 1759 تىببىي خادىم (بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 1502) بار. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە يەكەن تەنھەرىكەتچىلىرى خەلقئاراچە چېلىشتا 2 ئالتۇن مېدال ئالدى، بىر ئادەم بوكسىورلۇقتا چېمپىيون بولدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق مېيىپلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە 2 ئالتۇن مېدال قولغا كەلتۈرۈلدى. ئاپتونوم رايون يەكەن ناھىيىسىنىڭ 6 يېزىسىغا تەنتەربىيىدە ئىلغار يېزا دەپ نام بەردى.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى بازارلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پۇل مائاشى 6582 يۈەنگە، دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 1058 يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 13 مىليون يۈەنگە، جىسمانىي سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 8 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە يەتتى، مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە 7 مىليون 100 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى، جىسمانىي سۇغۇرتا بويىچە 5 مىليون 240 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى ۋە پۇل بېرىلدى. ناھىيە بازىرىدا 1436 ئادەم ئەلگ تۆۋەن تۇرمۇش سۇغۇرتىسى بويىچە سۇغۇرتىلاندى، ئايلىق كاپالەت سوممىسى 78 مىڭ 486 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە 27 ياشانغانلار ساناتورىيىسى بار بولۇپ، ئۇلارغا 530 ئادەم قوبۇل قىلىندى. 3945 قۇتقۇزۇش ئوبيېكتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە بەشتە كاپالەتلىك ئائىلە 1487، 2196 ئادەم. بىر يىلدا 285 ئائىلىدىكى 743 ئادەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. مۇھەببەت يوللىنىشىنى چەكلەش مۇددەتتە تۈزەش تۈرىدىن 4ى تاماملاندى: ناھىيىلىك ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى شىركىتىنىڭ پار قازىنىدىن چىققان ئىسسىقنى قويۇپ بېرىلىشىنىڭ ئۆلچەمدىن ئېشىپ كېتىش تۈرى، بۇنىڭغا 1 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ ناھىيىلىك «خەلق» دوختۇرخانىسىنىڭ پار قازىنىدىن چىققان ئىسسىقنى قويۇپ بېرىلىشىنىڭ ئۆلچەمدىن ئېشىپ كېتىش تۈرى، بۇنىڭغا 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ ناھىيىلىك «خەلق» دوختۇرخانىسىنىڭ دورا ئىشلەشتىن چىققان يۇندىنى بىر تەرەپ قىلماي قويۇپ بېرىش تۈرى، بۇنىڭغا 150 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسىنىڭ پارقازىنىدىن چىققان ئىسسىقنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنىڭ ئۆلچەمدىن ئېشىپ كېتىش تۈرى، بۇنىڭغا 250 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بازىرىدا 221 گېكتار يەر باغۋارانلاشتۇرۇلدى.

☆ 1999 - يىلى «يەكەن گېزىتى» ئاپتونوم رايون بويىچە «ئون ياخشى گېزىتنىڭ بىرى» دېگەن شەرەپكە ئېرىشكەندىن كېيىن، 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى بۇ گېزىتنىڭ خەنزۇچىسى

ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

☆ ئاپتونوم رايون بويىچە ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىگە «خەلق رازى بولغان تەپتىش مەھكىمىسى» دەپ نام بەردى.

يالڭ يىڭفالڭ

# پوسكام ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

پوسكام ناھىيىسى كوئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە، يەكەن دەرياسىدىن ھاسىل بولغان تىنما قاناتىنىڭ ئوتتۇرا، يۇقىرى قىسمىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1692 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق رايونلۇق مەھكىمە بىر، بازار 2، يېزا 10. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 167 مىڭ 398 (غەربىي - جەنۇبىي تارىم نېفىتلىكىنى تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش شىركىتىنىڭ 15 مىڭ 719 نوپۇسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 133 مىڭ 313، يېزا نوپۇسى 98 مىڭ 93؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰16.42، ئۆلۈش نىسبىتى ‰7.01، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰9.41. ناھىيە بويىچە 37 مىڭ 463 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 15 مىڭ 580 گېكتار يەرگە (ئاق يەرگە ۋە ئېگىز ئورنىغا تېرىلغان) ئاشلىق زىرائەتتى، 14 مىڭ 333 گېكتار يەرگە كېۋەز تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

پوسكام ناھىيىسى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئاشلىق بازىلىرىدىن بىرى. ئاقتام يېزىسىدىن چىقىدىغان چوڭ چىلان يىراق - يېقىنغا داڭلىق. يىلىغا يەكەن دەرياسىنىڭ 550 مىليون كۇب مېتىر سۈيىدىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ، يەر ئاستى سۈيىنىڭ زاپىسى 370 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. ناھىيە بويىچە 5200.5 گېكتار ئوتلۇق يەر بار. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن توشقان زەدىكى، چۈچۈكبۇيا، زاراڭزا، لوپنۇر كەندىرى، چاكاندا، ئالقات قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ پوسكام ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: شۇ يۈەنجى.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: قادىر سايىم.

ھاكىم: پالقۇن مەخمۇت.

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئابلەت سايىت.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 280 مىليون 86 مىڭ 500 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا) بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن %5.35 ئۆزلەپ كەتتى. بىر يىلدا 116 مىڭ تونننا ئاشلىق، 23 تونننا ياغلىق دان، 20 مىڭ 28 تونننا پاختا، 21 مىڭ 473 تونننا كۆكتات، 5400 تونننا مېۋە - چېۋە، 2710 تونننا قوغۇن - تاۋۇز ئېلىندى. 961 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 77 گېكتار يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى، 1 مىليون 215 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى، 306 گېكتار كونا باغ ئۆزگەرتىلدى. بىر يىلدا 6095 تونننا گۆش، 3527 تونننا سۈت، 262 تونننا قوي يۇڭى، 6 تونننا چۈپۈر، 1.2 تونننا ئۆچكە تىۋىتى، بىر تونننا تۆگە يۇڭى، 153 مىڭ پارچە قوي تېرىسى، 6000 پارچە ئۆچكە تېرىسى، 15 مىڭ 800 پارچە كالا تېرىسى، 1618 تونننا تۇخۇم، 430 تونننا بېلىق ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 15 مىليون 356 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 14.7 كىلومېتىر يۇقىرى ئۆلچەملىك سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى، 89 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ رېمونت قىلىندى. 329 گېكتار سالا ئېتىز تۈزلەندى، 465 گېكتار تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز ئۆزگەرتىلدى، 485 گېكتار بوزيەر ئېچىلدى، 51 ماشىنىلاشقان قۇدۇق بۇرۇشلەشتۈرۈلدى. كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈشكە 8 مىليون 686 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 100 مىڭ ئىش كۈنى سەرپ قىلىنىپ، 50 نەچچە كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش دامبىسى ياسالدى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 102 مىليون 823 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %2.2 ئاشتى. بىر يىلدا 49 مىليون كىلوۋات سائەت توك، 32 مىڭ 405 تونننا كۆمۈر، 43 مىڭ 572 تونننا سېمونت، 3556 تونننا پاختا يىپ، 145 مىليون 180 مىڭ دانە خىش، 18 مىڭ 919 تونننا پاختا، 1806 تونننا سۇلياۋ ياسالما، 673 كۇب مېتىر سېمونت قۇيۇلما ئىشلەپچىقىرىلدى، 106 ئاپتوموبىل چوڭ رېمونت قىلىندى، 3615 تونننا ئۇن، 1565 تونننا سۇ يېغى، 15 تونننا پېچىنە - پىرەنىك ئىشلەپچىقىرىلدى، 1 مىليون 460 مىڭ كۇب مېتىر تۇرۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەندى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 73 مىليون 40 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. «خەلق» باغچىسىنىڭ 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشى پۈتكۈزۈلۈپ، باغچا ئېچىۋېتىلدى، بۇنىڭغا 2 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ

## خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 42740 | -4.99 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 19968 | -20.38 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 10669 | 17.4 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 12103 | 11.89 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 116000 | 3.87 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 31.2 | 3.83 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 14889 | -1.94 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 54429 | 2.99 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 10737 | 1.99 |
| بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 45655 | -5.96 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 4895 | 11.73 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 7303 | 13.12 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 320 مىليون 550 مىڭ يۈەن.

سېلىندى. بىر يىلدا ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرىدىن 40ى تەستىقلاندى، 25 تۈردە ئىش باشلاندى، بۇ تۈرلەرگە 45 مىليون 80 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، قۇرۇلۇش كۆلىمى 23 مىڭ 143 كۋادرات مېتىر. كارخانىلارنىڭ تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسى تاماملاندى، تۈزۈلمىنىڭ ئۆزگەرتىلىش كۆلىمى 100%كە يەتتى، 10 مىليون 790 مىڭ يۈەنلىك دۆلەت مۈلكى ئالماشتۇرۇلدى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 5 مىليون 973 مىڭ يۈەنگە يەتتى، تېلېفوننى پروگراممىلىق ئالماشتۇرۇشنى ئاپتوماتىك نازارەت قىلىش - تىزگىنلەش سىستېمىسى پۈتكۈزۈلدى، 106.2 كىلومېتىر قاپلىق كابېل ئورنىتىلدى؛ 14 تەبىئىي كەنتنىڭ «ئاھالىلەر لىنىيىسى قۇرۇلۇشى» پۈتكۈزۈلدى؛ 1701 ئاپتوماتىك ھەق سۇرۇشتۇرۇش سىستېمىسى ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 13 مىليون 580 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 3 مىليون 250 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، تاۋارلارنىڭ سېتىۋېلىنىش سوممىسى 281 مىليون 190 مىڭ يۈەنگە، سېتىلىش سوممىسى 339 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىپ ساتىدىغان ئورۇنلار توپ ساتقىنى 140 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە، بازار سودىسىدا پۈتتۈشۈلگەن سوما 58 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

### پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 430 (ئالىي دەرىجىلىكى 30). ناھىيىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 48 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 41)، ئوقۇغۇچىسى 30 مىڭ 115 (مىللىي 26 مىڭ 485)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 17 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 15)، ئوقۇغۇچىسى 11 مىڭ 57 (مىللىي 9380)؛ بالىلار باغچىسى 2 (مىللىي بالىلار باغچىسى بىر)، باغچىدىكى بالا 300 (مىللىي 140). ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 2469 (مىللىي 2032). رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 85%كە يەتتى، بىر يىلدا شىنجاڭ بويىچە تۇنجى ناھىيە دەرىجىلىك ئۆزلۈكىدىن كۆچمىنىش تېپىدىكى رادىئو - تېلېۋىزىيە مۇنارى پۈتكۈزۈلدى، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 100%كە، سىملىق تېلېۋىزىيە

ئاھۇنبىتى 2000 غا يەتتى. ناھىيە بويىچە 16 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 421 سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 309)، 393 كارىۋات بار. شۇ يىلى پوسكام ناھىيىسى قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن يوكسىۋرلۇق مۇسابىقىسىدە كولىلېكتىپ ئومۇمىي نومۇردا 1 - بولدى. ناھىيە بويىچە 17 مىڭ 100 ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى «دۆلەتلىك تەنتەربىيىدە چېنىقىش ئۆلچىمى»گە يەتتى.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1291 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 7295 يۈەنگە، تۇرلۇك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 4 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە، تۆلەم سوممىسى 1 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بازارلاردا ئىش كۆتۈپ تۇرغان 215 ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 92 ئائىلىدىكى 336 ئادەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. يېزا ئاھالىلەر نۇقتىسى قۇرۇلۇشىغا 55 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق 2344 ئائىلىلىك تۇرالغۇ ئۆي سېلىندى. يىل ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە ئاھالىلەر نۇقتىسىدا 10 مىڭ 817 ئائىلىلىك خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق تۇرالغۇ ئۆي سېلىندى، بۇ دېھقان ئائىلىسىنىڭ 47.2% نى ئىگىلەيدۇ.

ۋاڭ فېڭشى

# قاغىلىق ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

قاغىلىق ناھىيىسى قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي - جەنۇبىي چېتىگە، تىزناپ، ئۆلۈق ئۆستەڭ ۋە كۆكيار ئۆستەڭ دەريالىرىدىن ھاسىل بولغان تىنما قاناتقا جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1745 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 3، يېزا 17، دېھقانچىلىق مەيدانى، چارۋىچىلىق فېرمىسى 6. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 383 مىڭ 664 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 353 مىڭ 860)، يېزا نوپۇسى 312 مىڭ 198؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 18.07‰، ئۆلۈش نىسبىتى 6.2‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 11.88‰. ناھىيە بويىچە 48 مىڭ 500 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 34 مىڭ گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز ئورنى تېرىلغۇ كۆلىمى 11 مىڭ گېكتار)، 17 مىڭ 900 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

قاغىلىق ناھىيىسى تەۋەسىدە 590 مىڭ گېكتار ئورمان بار. ئاساسلىق دەرەخلەردىن كولبىنلۇن ئارچىسى، شەمشاد، يۇلغۇن قاتارلىقلار بار. پايدىلىنىشقا بولىدىغان 8 مىليون گېكتار ئوتلاق بار. ئاساسلىق دەريالاردىن يەكەن، تىزناپ قاتارلىق 3 دەريا بولۇپ، يىللىق ئېقىن مىقدارى 781 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ؛ 142 مىليون كۇب مېتىر بۇلاق سۈيىدىن پايدىلىنىلدى. ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن چولڭ يوپۇرماقلىق جىنتىيانا، چۈچۈكبۇيا، قانتېپەر قاتارلىقلار، ياۋايى ھايۋانلاردىن جەرەن، ئېيىق، ئۆلار قاتارلىقلار، قېزىلما بايلىقلاردىن مىس، ئالتۇن، كۈمۈش، قاشتېشى، مەرمەر، ئىسلاندىيە تېشى، بېرىل، خرۇستال، چىرىمتال، تاشپاختا، گەج، گۈڭگۈرت، كۆمۈر، نېفىت قاتارلىقلار بار. بۇنىڭ ئىچىدە قاشتېشى كۆپ مىقداردا قېزىلىۋاتىدۇ.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قاغىلىق ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: گۇاڭ شىن.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: خۇدابەردى ئىسمائىل.

ھاكىم: كۇرەش تۇرسۇن.

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئابدۇرېشىت توختى.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 467 مىليون 864 مىڭ 500 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 6% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 198 مىڭ 694 توننا ئاشلىق، 2211 توننا ياغلىق دان، 20 مىڭ 870 توننا پاختا ئېلىندى. 1764 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 2 مىليون 870 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى، 146.4 گېكتار كونا باغ ئۆزگەرتىلدى، 21 مىڭ 826 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يېڭىدىن 66.7 گېكتار كۆكتات پارنىكى ۋە لاپاس كۆپەيتىلدى، 13 مىڭ 334 توننا كۆكتات ئېلىندى. بىر يىلدا 15 مىڭ 878 توننا گۆش، 10 مىڭ 892 توننا سۈت، 1020 توننا يۇڭ، 450 مىڭ پارچە تېرە ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 19 مىليون 320 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 114.5 كىلومېتىر سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى، 74 مىڭ 70 گېكتار يەر سۇغىرىلدى، 45 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى. يېزا - بازار كارخانىسى 295 بولۇپ، كىرىمى 45 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەككە سودا - سانائەت ئورنى 4279 غا،

### خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
| --- | --- | --- | --- |
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 56250.41 | —5.3 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 41724.99 | —7.5 |
| | 2 - كەسپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 3631.10 | —15.9 |
| | 3 - كەسپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 10894.32 | 7.8 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 198694 | 8.81 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 91.28 | 6.46 |
| يېزا - بازاركارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 7126 | 16.15 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 70759 | 2.89 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 9886 | —41 |
| بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 43057 | 4.38 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 2604 | 1.52 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 8149 | —06.69 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 358 مىليون 312 مىڭ 100 يۈەن.

كەسپكارى 5360 قا، تىزىمغا ئالدۇرغان مەبلىغى 30 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 63 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %4.10 ئاشتى. بىر يىلدا 55 مىليون 710 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 1940 توننا سۇ يېغى، 14 مىڭ 900 توننا ئۇن، 88 مىليون 260 مىڭ دانە خىش، 407 توننا دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۇلياۋ يوپۇق، 351 توننا پاختا يىپ، 16 مىڭ 674 توننا ساپ پاختا، 5300 توننا كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىلدى. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 9 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 9 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە، پروگراممىلىق تېلېفون كوممۇتاتورىنىڭ سىغىمى 14 مىڭ 848 توچكىغا، يىل ئاخىرىدىكى پروگراممىلىق تېلېفون 6920 توچكىغا، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 58 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

### پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 713 (ئالىي دەرىجىلىكى 38). ناھىيىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 25، باشلانغۇچ مەكتەپ 124، ئوقۇغۇچىسى 86 مىڭ 578؛ بالىلار باغچىسى 2 (مىللىي بالىلار باغچىسى بىر)، باغچىدىكى بالا 418 (مىللىي 90)؛ ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 2731؛ 10 - ئايدا «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن باھالاپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %78كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %88كە يەتتى. 1999 - يىل 9 - ئايدا «قاغىلىق ناھىيىسى تەزكىرىسى» نىڭ خەنزۇچىسى نەشرقىلىنىپ تارقىتىلدى. ناھىيە بويىچە 40 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 701 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 522 كارىۋات بار.

### خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 1006 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 11 مىڭ 801 (مىللىي 8020) بولۇپ، بىر يىلدا 75 مىليون 983 مىڭ 400 يۈەن مائاش تارقىتىلدى. بازارلاردا 610 ئىش كۆتۈپ تۇرغان ياش ئىشقا

ئورۇنلاشتۇرۇلدى. مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى كەسپىي كىرىمى 4 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 2 مىليون 200 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى؛ جىسمانىي سۇغۇرتا كەسپىي كىرىمى 3 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 520 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى. شۇ يىلى 4 ئورۇندا مەركەزلەشتۈرۈپ سۇ بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشى قىلىندى، 28 ئورۇندا سۇ مۇنارى ياسالدى، بىر ئېگىزلىك سۇ كۆلچىكى ياسالدى، 1245 كىلومېتىر تۇرۇبا ياتقۇزۇلدى، 600 ئائىلىگە جومەك ئورنىتىلىپ، 3000 ئادەم، 4500 چارۋىنىڭ ئىچىدىغان سۈيى ھەل قىلىندى. 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى قاغىلىق ناھىيىسىدىكى ناھىيىگە بىۋاستە قاراشلىق 14 كارخانا، كەسپىي ئورۇن تەبىئىي گاز ۋە گاز ئارقىلىق ئىسسىنىش ئۈسكۈنىسى ئورناتتى. 1430 بازار ئاھالىسىنىڭ ئۆيىگە تەبىئىي گاز كىرگۈزۈلدى.

گاۋ شياۋمېي

# تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1765 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 11، مەيدان (فېرما) 2. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 31 مىڭ 276 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 29 مىڭ 480)، يېزا نوپۇسى 22 مىڭ 906؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 17.8‰، ئۆلۈش نىسبىتى 4.8‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 13‰. ناھىيە بويىچە 3593.33 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 2880 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى سوغۇق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

تاشقورغان ناھىيىسىدە تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان ئاساسلىق قېزىلما بايلىقلاردىن مىنېرال سۇ، قاشتېشى، گۈڭگۈرتلۈك تۆمۈر، ۋولفرام، چىرىستال، دۈڭلەڭ تېشى، گۈڭگۈرت، خرۇستال، مىس، نىكېل، ئالتۇن قاتارلىق 10 خىلى بار، قېزىلما بايلىق زاپىسى كۆپ، بۇنىڭ ئىچىدە شامبابا سۈپەتلىك سۇ كېنىدىن كۈنىگە 588 توننا سۇ چىقىدۇ، تاغمان گۈڭگۈرتلۈك تۆمۈر كېنىنىڭ زاپىسى 42 مىڭ 500 تونناغا، داتۇڭدىكى قاشتېشى كېنىدىكى قاشتېشىنىڭ زاپىسى 319 تونناغا يېتىدۇ، مارياڭدىكى دۈڭلەڭ تېشى 100 مىليون توننىدىن ئاشىدۇ. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان شامبابا سۇ كېنى، داتۇڭ قاشتېشى كېنىدا رايون خاراكتېرلىك مەھسۇلات ئەۋزەللىكى شەكىللەندى، پامىر مىنېرال سۈيى ئەۋزەل بايلىق مەنبەسىگە ئايلاندى، قارا ۋولفرام، گۈڭگۈرتلۈك تۆمۈر كېنىنى مەبلەغ كىرگۈزۈپ ئېچىش تورى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. بۇنىڭدىن باشقا تاغمان ئارشىڭى ئېچىلىپ جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك دەم ئېلىپ داۋالىنىدىغان يېرىگە ئايلاندى. ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن يېڭى تاشقوراللار دەۋرىگە ئائىت مەدەنىيەت خارابىلىكى — شامبابا قەبرىستانلىقى، تاشقورغان قىرپانە تاششەھىرى خارابىلىكى، ئېگىزلىك ئىمارىتى — مەلىكە قورغىنى، قەدىمىي رابات قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: يىن جۈنجيې.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مۇنى تابىلدى (تاجىك).

ھاكىم: روزى گۈلباي (تاجىك).

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: سىجالىڭ ۋازىر (تاجىك).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 36 مىليون 212 مىڭ 100 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 16 مىليون 768 مىڭ 700 يۈەن) بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 17% تۆۋەنلەپ كەتتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 4320 توننا ئاشلىق، 20 توننا ياغلىق دان ئېلىندى. 120 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 116 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى. بىر يىلدا 1471.6 توننا گۆش، 636 توننا سۈت، 93 توننا يۇڭ، 9.8 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 15 مىڭ 990 پارچە تېرە ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 350 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 100 مىڭ يۈەن تاغارما يېزىسىدا ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىش ئۈچۈن، 200 مىڭ يۈەن ئېتىز - ئېرىق قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغنى تولۇقلاش ۋە 50 توننا سېمونت سېتىۋېلىپ سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياساش ئۈچۈن، 50 مىڭ يۈەن دەفتەر يېزىسىغا سۇ باشلاش ئېرىق - ئۆستىڭى چېپىش ۋە ئېتىز - ئېرىقلارنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلدى. يېڭىدىن 333.33 گېكتار بوز يەر ئېچىلدى، ناھىيە بويىچە 3870 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر بار. 6933.33 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى، يېڭىدىن 186.67

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 4615.60 | 8.05 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 2337.63 | -13.68 |
| | 2 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 181.60 | -18.60 |
| | 3 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 2096.37 | 56.38 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 4320 | -19.55 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 15.7 | -9.61 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 839 | 176.9 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 5193 | 2983 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بويۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 501.5 | -37.8 |
| بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 1950 | -0.91 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 118 | -25.79 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 4641 | 38.54 |

**ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 38 مىليون 612 مىڭ 600 يۈەن.**

گېكتار ئوتلاق قاشالاندى. ناھىيە بويىچە يېزا - بازار كارخانىسىدىن 7سى بولۇپ، كىرىمى 8 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليون 420 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 1 مىليون 580 مىڭ يۈەن) بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن %10 تۆۋەنلەپ كەتتى؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 1 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا 4 مىليون 800 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئىشلەپچىقىرىلدى، 63 مىڭ توننا تۆرۈبا سۈيى بىلەن تەمىنلەندى، 375 توننا مىنېرال سۇ، 120 توننا قاشتېشى ئىشلەپچىقىرىلدى. شۇ يىلى قۇرۇلۇۋاتقان زور تۈرلەردىن ناھىيىلىك 1 -، 2 - ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ ئۆيى قۇرۇلۇشى بار، بۇنىڭغا دۆلەت خام چوت ئىچىدە 15 مىليون 700 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 10 مىليون 550 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بىر يىلدا 7 مىليون 140 مىڭ يۈەنلىك تۇراقلىق مۈلۈك كۆپەيدى. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 7 مىليون 232 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا (تاشقورغان - قەشقەر)، يۈك ئوبوروت مىقدارى 1 مىليون 82 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا (قەشقەردىن پاكىستاننىڭ شىمالىي قىسمىدىكى شەھەر سۇستقىچە) يەتتى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 160 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە، پروگراممىلىق تېلېفون 1044 توچكىغا يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم 139 (بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇتقۇچى 90). ناھىيىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 2، باشلانغۇچ مەكتەپ 16، ئوقۇغۇچىسى 6428 (مىللىي 6272)، ئوقۇتقۇچىسى 528 (بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 395). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 4 مىليون 90 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئو ۋە تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى ئوخشاشلا %75كە يەتتى. ناھىيە بويىچە 16 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيىلىك دوختۇرخانا بىر، ناھىيىلىك يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى بىر، ئارشالڭ ساناتورىيىسى بىر، يېزىلىق شىپاخانا 13؛ 196 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 163 كارىۋات بار. 4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ج خ نازارىتى قاتناش

ساقچىلىرى باش ئەترىتى تاشقورغان ناھىيىلىك چ ف قاتناش ساقچى ئەترىتىگە «قىلىپلاشقان قاتناش ساقچىلىرى چوڭ ئەترىتى» دەپ نام بەردى.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرمۇش خىراجىتى كىرىمى 803 يۈەنگە، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 477 يۈەنگە، كىشىچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 8116 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە سۇغۇرتا كەسپىنىڭ سۇغۇرتىلاش سوممىسى 4 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە، مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 400 مىڭ يۈەنگە، جىسمانىي سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 50 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە 40 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى. شۇ يىلى 30 ئائىلىدىكى 145 ئادەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش نىسبىتى 2.6% بولدى؛ 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى نامرات نوپۇس 13 مىڭ 871، بۇنىڭ ئىچىدە 8501 ئادەم قايتا نامراتلىشىپ كەتكەن. ناھىيە بازىرىنىڭ كۆكەرتىلىش نىسبىتى 18.7%كە يەتتى.

## ئاپەتتىن كېيىنكى ئۆز - ئۆزىنى قۇتقۇزۇش خىزمىتى

تاشقورغان ناھىيىسىدە 1999 - يىل 1 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنىگىچە 14 قېتىم قار ئاپىتى يۈز بەردى، 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنىگىچە ناھىيە بويىچە 28 مىڭ 706 تۇياق چارۋا ئۆلدى، 427 ئادەم يارىلاندى، 5230 ئادەم كېسەلگە گىرىپتار بولدى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 62 مىليون 613 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ۋاسىتىلىق ئىقتىسادىي زىيان 100 مىليون يۈەندىن ئاشتى. 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە تاشقورغان ناھىيىسى پەۋقۇلئاددە زور كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچرىدى، ناھىيە بويىچە 1469 ئائىلىدىكى 9953 ئادەم ئاپەتكە ئۇچرىدى، بۇنىڭ ئىچىدە 7 ئادەم ئۆلدى، 15 ئادەم يوقاپ كەتتى، 13 ئادەم يارىلاندى.

2 قېتىملىق ئاپەتتە ناھىيە بويىچە 50 مىڭ ئادەم (قېتىم) ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش - يۇرت - ماكانىنى قايتا قۇرۇش پائالىيىتىگە قاتناشتى، كىشىلەر ئۆزلۈكىدىن ئاپەت رايونىغا 100 مىڭ 800 يۈەن ئىئانە قىلدى. قايسىلىپ قالغان 6800 ئادەم، 65 مىڭ تۇياق چارۋا يۆتكەلدى، ئاپەتكە ئۇچرىغان 106 ئائىلىدىكى 698 ئادەم ۋاقىتلىق باشقا جايغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى؛ 387 توننا قۇتقۇزۇش ئاشلىقى، 500 توننا ئوت - سامان ۋە 1 مىليون 70 مىڭ يۈەنلىك ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ماددىي ئەشياسى ۋە دورا تارقىتىلدى؛ كەلكۈن، شىغىللىق لاتقا ئېقىش دەرىجىدە بۇزۇۋەتكەن 2 ناھىيە - يېزا تاشيولى رېمونت قىلىندى، 2.446 گېكتار ئېتىز، 72 كىلومېتىر ئېرىق - ئۆستەڭ، 8 گېكتار ئورمان بەلۋىغى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى؛ 300 كىلومېتىر يولغا يىغىلىپ قالغان قار تازىلاندى.

☆ تاشقورغان ناھىيىلىك ماركا توپلاش جەمئىيىتى 5 - ئاينىڭ 21 - كۈنى قۇرۇلدى.

☆ قەشقەر چېگرىدىن چىققان - كىرگەنلەرنى تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش ئىدارىسى قونجىراپ ئىش باشقارمىسى 11 - ئاينىڭ 29 - كۈنى تاشقورغان ناھىيىسى قونجىراپ سەھىيە تەكشۈرۈش ئىدارىسىدا ۋۇجۇدقا ئاشتى.

ۋاڭ سۈگچى

# خوتەن ۋىلايىتى

## ئاساسىي ئەھۋالى

خوتەن ۋىلايىتى جەنۇبتا قاراقۇرۇم، كۇئېنلۇن تاغلىرى ئارقىلىق شىزاڭ ئاپتونوم رايونى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربىي جەنۇبتا ھىندىستان، پاكىستان ئەمەلىي تىزگىنلەپ تۇرغان كەشمىر رايونى بىلەن قوشنا، شىمالىي قىسمى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بارىدۇ. مەمۇرىي مەھكىمە تۇرۇشلۇق جاي خوتەن شەھىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان (تارىمدىن ئۆتىدىغان قۇملۇق تاشيولى) تاشيول مۇساپىسى 1513 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى ۋىلايەتتە قاراشلىق شەھەر بىر، ناھىيە 7، ۋىلايەت تەۋەسىدە يەنە بىڭتۇەن خوتەن دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق 47 - تۇەن - مەيدان، نۇر 1 - چارۋىچىلىق فېرمىسى ۋە گۇما دېھقانچىلىق مەيدانى بار، ۋىلايەت بويىچە يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 1 مىليون 613 مىڭ 793 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 1 مىليون 566 مىڭ 373)، يېزا نوپۇسى 1 مىليون 398 مىڭ 334؛ نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 9.86‰. ۋىلايەت بويىچە 180 مىڭ 800 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 209 مىڭ 300 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز ئورنى تېرىلغۇ كۆلىمىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 47 مىڭ 300 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى، كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

خوتەن ۋىلايىتىدە مېۋە - چېۋىلەردىن ياڭاق، بادام قاتارلىقلار بار. ۋىلايەت بويىچە دەريا - ئېقىنلارنىڭ ئېقىن مىقدارى 8 مىليارد 820 مىليون كۇب مېتىرغا، بوستانلىق رايوندىكى يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئېچىپ پايدىلىنىشقا بولىدىغان مىقدارى 2 مىليارد 363 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 173

مىڭ 900 گېكتار تەبىئىي ئورمانلىق، 97 مىڭ گېكتار بەرپا قىلىنغان ئورمان. 2 مىليون 501 مىڭ 900 گېكتار تەبىئىي ئوتلاق بار، بۇنىڭ ئىچىدە پايدىلىنىشقا بولىدىغان تەبىئىي ئوتلاق 1 مىليون 967 مىڭ 300 گېكتار. ئەتىۋارلىق ھايۋانلاردىن ئاساسلىقى ياۋا قوتاز، تىبەت قۇلانى، تىبەت بۆكىنى، كۆكمەت، ئۇلار قاتارلىقلار، دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن ئاساسلىقى توشقان زەدىكى، قار لەيلىسى، چاكاندا، چۈچۈكبۇيا، بەر مەدىكى، ئالقات قاتارلىقلار، قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى قاشتېشى، كۆمۈر، تۇز، نېفىت، گەج، چىرىستال، مەرمەر قاتارلىقلار بار، بۇنىڭ ئىچىدە قاشتېشى ئەڭ داڭلىق.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ خوتەن ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋاڭ جىڭچيەن؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: جۇرئەت مەتتىمىن، ئابدۇقادىر توختى (9 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ليۇ لىنتىڭ، باۋ جيېدۇڭ، دىڭ فېي (9 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ئابدۇراخمان قۇربان (9 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ليۇ شىنشىڭ (9 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ئۆمەرجان (9 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى خوتەن ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابدۇقادىر توختى؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: لى گۇاڭچيەن، ياڭ گۇاڭياۋ، جاپپار مۇھەممەت.

ۋالىي: جۇرئەت مەتتىمىن؛ مۇئاۋىن ۋالىيلار: جاۋ شۇمىڭ (11 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ئابدۇراخمان قۇربان (9 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ئابدۇللا مەخسۇت (7 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ليۇ شىنشىڭ (9 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، لى سۈنتيەن، ۋاڭ جيەنتۇڭ، يالقۇن قادىر، ئۆمەر ئابدۇللا (5 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، شۈ جيازېڭ (7 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ۋاڭ شياۋۋېن (11 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، مەھەممەت ئەيسا (11 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: جاۋ شۇمىڭ (9 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: لى جيەنشىن (11 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، گاۋ لىمىن، ئەبەيدۇللا ھاشىم.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 62 مىليون 178 مىڭ 100 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 1 مىليارد 830 مىليون 947 مىڭ 600 يۈەن) بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 1.15% ئۆسۈپ، تۆۋەنلىدى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 781 مىڭ 309 توننا ئاشلىق، 3607 توننا ياغلىق دان، 46 مىڭ 379 توننا پاختا، 2877 توننا پىلە قوزىسى ئېلىندى. 5933 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 4 مىليون 813 مىڭ 600 تۈپ كۆچەت تىكىلدى. 58 مىڭ 400 توننا گۆش، 11 مىڭ 642 توننا سۈت، 5069 توننا يۇڭ، 2 مىليون 600 مىڭ پارچە تېرە ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 175 مىليون 900 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 460 قۇدۇق قېزىلدى، 157 مىڭ 180 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى، 43 مىڭ 61 ئېغىل - قوتان ياسالدى. يېزا - بازار كارخانىسى 21 مىڭ 421 گە، كىرىمى 689 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليارد 644 مىليون 300 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 349 مىليون 177 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 10.33% ئاشتى؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 153 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 5.2% ئاشتى. بىر يىلدا 34 مىليون 652 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 1929 توننا كۆمۈر، 43 مىڭ 500 توننا سېمونت، 623 توننا ئىچىملىك، ھاراق، 4528 توننا پاختا يىپ، 14 مىليون 560 مىڭ مېتىر يىپەك توقۇلما ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 472 مىليون 240 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 41 مىليون 870 مىڭ يۈەن بولۇپ، 29.18% تۆۋەنلىدى. تاۋار سودىسى ۋە ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرىدىن 7سى ئىمزالاندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرى بويىچە پۈتتۈشۈلگەن سومما 8 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 99' ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىدە ئىمزالانغان تاۋار سودىسى ۋە ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرى 9غا، توختام سوممىسى 17 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يەتتى. توشۇلغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 1 مىليارد 24 مىليون 337 مىڭ 400 ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 1 مىليارد 600 مىليون 175 مىڭ 400 توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 52 مىليون 600 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تېلېگراف كەسپىنىڭ 40 مىليون 290 مىڭ يۈەن، يىل ئاخىرىدىكى پروگراممىلىق تېلېفون 64 مىڭ توچكىغا يەتتى. چوڭ، ئوتتۇرا سودا كارخانىلىرىنىڭ دېھقانلارغا ساتقان ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ سوممىسى 612 مىليون يۈەنگە يەتتى. ۋىلايەت

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 247526 | —4.6 |
| يۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 144322 | —5.9 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 37590 | —1.9 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 65614 | —2.6 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 781309 | 4.28 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 390.84 | —6.58 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 70173 | 13.26 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (تۈمەن كىلوۋات) | | 33.05 | 2.29 |
| تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 116704 | 1.37 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 46948 | 4.48 |
| شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 159163 | 6.93 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 11895 | 3.21 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 62301 | 11.23 |

**ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 1 مىليارد 369 مىليون 360 مىڭ يۈەن.**

بويىچە سودا بازىرى 97 بولۇپ، يىللىق پۇتۇشۇش سوممىسى 291 مىليون يۈەنگە يەتتى. ساياھەتچىلىكتىن 19 مىليون 970 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ۋىلايەت بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 4178 (ئالىي دەرىجىلىكى 406). ۋىلايەتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 894 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 875)، ئوقۇغۇچىسى 255 مىڭ 826 (مىللىي 250 مىڭ 369)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 131 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 122)، ئوقۇغۇچىسى 90 مىڭ 862 (مىللىي 88 مىڭ 183)؛ ئالىي مەكتەپ 2 (مىللىي ئالىي مەكتەپ بىر)، ئوقۇغۇچىسى 1883 (مىللىي 1842)؛ بالىلار باغچىسى 11 (مىللىي بالىلار باغچىسى 2)، باغچىدىكى بالا 4076 (مىللىي 2362). ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 14 مىڭ 770 (مىللىي 14 مىڭ 80). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 53 مىليون 670 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 96.02%كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 94.51%كە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە 145 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 4414 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 123)، 4628 كارىۋات بار. يېزا - بازارلاردا 64 قېتىم تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقىگە 9350 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى. 1999 - يىلى ۋىلايەتنىڭ بىر تەنھەرىكەتچىسى مەملىكەتلىك 6 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە بىر مىس مېدال ئالدى. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇسابىقىدە خوتەن ۋىلايىتى كوماندىسى بىر كۈمۈش مېدال، بىر مىس مېدال ئالدى.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 723.4 يۈەنگە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 81 مىڭ 336 بولۇپ، ئۇلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 7156 يۈەنگە يەتتى. 47 مىڭ 820 ئائىلە ئائىلە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىغا، 317 مىڭ 564 كىشى ئۆمۈر سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى؛ ھەرخىل مال - مۈلۈك

سۇغۇرتىسى بويىچە سۇغۇرتىلاش سوممىسى 2 مىليارد 750 مىليون يۈەنگە، بىر تەرەپ قىلىنغان مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتا تۆلەم دېلوسى 4154كە يەتتى. شەھەر، يېزىلاردا 186 مىڭ 700 ئادەم (قېتىم) دۆلەتنىڭ قۇتقۇزۇشىغا ئېرىشتى، 3606 يېتىم ـ يېسىر، بوۋاي ـ موماي، مېيىپ، بالا كوللېكتىپ تەرىپىدىن بېقىلدى. شەھەر ـ بازارلاردا 1520 ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. كۆلىمى 2.64 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان ئىس ـ تۈتەك تىزگىنلەنگەن رايوندىن بىرى، كۆلىمى 10 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان شاۋقۇنتى تىزگىنلەش بويىچە ئۆلچەمگە يەتكەن رايوندىن بىرى قۇرۇلدى.

☆ جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكى 5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئابدۇمىجىت ھەمىتكە «مەملىكەت بويىچە ج خ سىستېمىسىدىكى 2 ـ دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى» دېگەن نام بەردى.

گۈلباھار

# خوتەن شەھىرى

## ئاساسىي ئەھۋالى

خوتەن شەھىرى قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە، يورۇڭقاش دەرياسى بىلەن قاراقاش دەرياسىدىن ھاسىل بولغان يەلپۈگۈچسىمان تىنما تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1513 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 ـ يىلى شەھەرگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 3، باشقۇرۇش رايونى بىر، مەھەللە ئىش باشقارمىسى 4. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 157 مىڭ 500 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 131 مىڭ 279)، يېزا نوپۇسى 68 مىڭ 690، نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰14.22، ئۆلۈش نىسبىتى ‰4.41، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰9.81. شەھەر بويىچە 5160 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 4330 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز ئورنى تېرىلغۇ كۆلىمىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

خوتەن شەھىرىنىڭ داڭلىق يەرلىك مەھسۇلاتلىرىدىن تۈرلۈك مېۋە ـ چېۋە، گىلەم، خوتەن قاشتېشى، ئەتلەس قاتارلىقلار بار. شەھەر تەۋەسىدىكى دەريا ـ ئېقىنلارنىڭ ئېقىن مىقدارى 2 مىليارد 296 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ، بۇ دەريادىن ھەر يىلى 88 مىليون كۇب مېتىر سۇ باشلىنغىلى بولىدۇ. يەر ئاستى سۈيىنىڭ زاپىسى تەخمىنەن 500 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 2866.67 گېكتار ئورمان بار، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %10.5كە يېتىدۇ، ئاساسلىق دەرەخلەردىن توغراق، مەجنۇنتال، جىغان قاتارلىقلار بار. ئوتلاق كۆلىمى 24 مىڭ گېكتارغا يېتىدۇ. ئاساسلىق دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن توشقان زەدىكى، زاراڭزا، ئالقات قاتارلىقلار، ياۋايى ھايۋانلاردىن جەرەن، قۇلان، ياۋا تۆگە قاتارلىقلار، قېزىلما بايلىقلاردىن ئالتۇن، قاشتېشى، تۇز ۋە شور قاتارلىقلار بار. ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن مەلىكاۋات قەدىمىي شەھەر خارابىلىكى ۋە جامە مەسچىتى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ خوتەن شەھەرلىك 4 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لۇ جيەن (11 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، لى بىن (11 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

5 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مۇھەممەتتوختى تۇرسۇنتوختى.

شەھەر باشلىقى: ئۆتكۈر ئالىم.

سىياسىي كېڭەش 5 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: تۇرسۇن سەيدى.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 ـ يىلى شەھەر بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 147 مىليون 40 مىڭ يۈەن (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 93 مىليون 206 مىڭ 400 يۈەن) گە يېتىپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن %2.29 ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 32 مىڭ 7 توننا ئاشلىق، 600 توننا پاختا ئېلىندى. 277 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. 5348 توننا گۆش، 1922 توننا سۈت، 131 توننا يۇڭ، 103 مىڭ 360 پارچە تېرە ئېلىندى. ئېتىز ـ ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 6 مىليون 560 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بىر يىلدا 12.81 كىلومېتىر 3 دەرىجىلىك سۇ سىڭمەس ئېرىق ـ ئۆستەڭ ياسالدى. 1400 گېكتار سالا ئېتىز تۈزلەندى، 666.67 گېكتار ئوتتۇرا، تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز ئۆزگەرتىلدى. 20 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، 15 ماشىنىلاشقان قۇدۇق ئۆزگەرتىلدى، 78 كىلومېتىر ھەر دەرىجىلىك سۇغىرىش ئېرىق ـ ئۆستىڭى رېمونت قىلىندى، 162 يورۇشلەشكەن ئىنشائات ياسالدى، 30 كىلومېتىر ھەر دەرىجىلىك ئېرىق ـ ئۆستەڭ رېمونت قىلىندى، 200 مېتىر كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش مۇستەھكەم ئىنشائاتى ياسالدى، 3.5 كىلومېتىر توسمىغا تاش ياتقۇزۇلدى، 50 كىلومېتىر كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش سېمونت دامبىسى ياسالدى، 15 ئورۇندىكى 2.5 كىلومېتىر

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 21741 | 6.67 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 3665 | -4.55 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 7244 | -9.07 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 10832 | 26.31 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 32007 | -2.96 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 11.21 | -0.8 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 9865 | 15.75 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (تۈمەن كىلوۋات) | | 2.22 | -28 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 7983 | -24.50 |
| شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 29599 | -38.24 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 3669 | |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 5878 | |

ئىزاھ: جەدۋەلدىكى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى.

كەلكۈن داميبسى ئۇڭشالدى، 2666.67 گېكتار بوزيەر ئۆزگەرتىلدى. ئاقچال تەرەققىيات رايونىغا توك سىمى تارتىش قۇرۇلۇشى تاماملاندى، 37.8 كىلومېتىر يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى تارتىلدى. شۇ يىلى كېيىنكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - سۇنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشى بويىچە بىر سۇ زاۋۇتى قۇرۇلدى. يېزا - بازار كارخانىسى 736گە، كىرىمى 98 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 51 مىليون 69 مىڭ 300 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 40 مىليون 17 مىڭ 600 يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 3.6% ئاشتى. 3668 توننا سۇلياۋ ياسالما، 3228 توننا نېپىز سۇلياۋ يوپۇق، 6127 توننا يەم - خەشەك، 1013 توننا سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە مۇقىم مۈلۈككە 117 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى (شەھەر رايونىغا). شەھەر رايونىدىكى يوللارنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ۋە يورۇتۇش مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشى داۋاملىق يولغا قويۇلدى، ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىغا 3 مىليون 442 مىڭ 500 يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلىنىپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 76.5 كىلومېتىر كېلىدىغان تىجارەت ترانسپورت لىنىيىسىدىن 7 سى كۆپەيتىلدى. توشۇلغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى (شەھەر رايونىدىكىسى) 717 مىليون 650 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى (شەھەر رايونىدىكىسى) 4 مىليون 160 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 40 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە، پروگراممىلىق تېلېفون ئابونىتى (شەھەر رايونىدىكىسى) 15 مىڭ 870 كە يەتتى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 4 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە، ئىستېمال بۇيۇملىرى سودىسىدا پۇتتۇشۇلگەن سومما 62 مىليون يۈەنگە، ساياھەتچىلىكتىن قىلىنغان كىرىم (شەھەر رايونىدىكىسى) 3 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

شەھەر بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 516. شەھەر رايونىدا ئالىي مەكتەپلەردىن خوتەن پېداگوگىكا ئالىي

تېخنىكوم مەكتىپى، خوتەن ئۇيغۇر تېبابىتى ئالىي تېخنىكوم مەكتىپى بار. شەھەرگە قاراشلىق ئوتتۇرا مەكتەپ 7 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 5)، ئوقۇغۇچىسى 6635 (مىللىي 5238)، ئوقۇتقۇچىسى 478 (مىللىي 390)؛ شەھەرگە قاراشلىق باشلانغۇچ مەكتەپ 47 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 44)، ئوقۇغۇچىسى 18 مىڭ 661 (مىللىي 15 مىڭ 841)، ئوقۇتقۇچىسى 1132 (مىللىي 985). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشقا 5 مىليون 393 مىڭ 900 يۈەن مەبلەغ سېلىندى (ئۆزى تەييارلىغىنى 2 مىليون 515 مىڭ يۈەن). رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 100%كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 80%كە يەتتى. شەھەر بويىچە 17 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى (بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا بىر، شىپاخانا 5)، 431 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 255 كارىۋات بار. خوتەن شەھىرىنىڭ تەنھەرىكەتچىسى قېيۇم خېلىل مەملىكەتلىك 6 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە چېلىشىشتا بىر مىس مېدال ئالدى.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى شەھەر، بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىمى 4302 يۈەنگە، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1103 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 7125 يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا كەسپى بويىچە سۇغۇرتىلاش سوممىسى (شەھەر رايونىدىكىسى) 613 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 7 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا دۆلەت 6 مىليون يۈەن پۇل بېرىش ئورنىغا ئىش تېپىپ بېرىش مەبلىغىنى ئورۇنلاشتۇردى. 3 مىليون 330 مىڭ يۈەن نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى ئاجرىتىلىپ، 279 ئائىلىدىكى 780 ئادەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇلدى. شەھەر بويىچە ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسى مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، پاشانغانلار كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى ھەققىنى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش فوندى تولۇق سوممىسى بىلەن يىغىلدى. شەھەر - بازار ئاھالىسى بويىچە 565 ئائىلىدىكى 1280 ئادەمنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى مەسىلىسى ھەل قىلىنىپ، ئۇلارغا 772 مىڭ 671 يۈەن ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى سوممىسى تارقىتىلدى، شەھەر رايونىدا كۆكەرتىلگەن كۆلەم 28 مىڭ 394 كۋادرات مېتىرغا، چىم تېرىلغان يەر 4000 كۋادرات مېتىرغا يەتتى، 80 مىڭ تەشتەك گۈل ئۆستۈرۈلدى، يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 29.1%كە يەتتى. ئاممىۋى كۆكلەمزارلىق مەيدان 218 گېكتارغا يېتىپ، كىشى بېشىغا 11.89 كۋادرات مېتىردىن توغرا كەلدى.

مىياۋ يۈنبو، لى شىنلىن

# خوتەن ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

خوتەن ناھىيىسى قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان ئاشيول مۇساپىسى 1513 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 11، مەيدان بىر. يىل ئاخىرىدىكى يېزا نوپۇسى 251 مىڭ 315 (شەھەر نوپۇسى خوتەن شەھىرىگە تەۋە)، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 250 مىڭ 5؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 19.1‰، ئۆلۈش نىسبىتى 7.23‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 11.87‰. ناھىيە بويىچە 26 مىڭ 56.8 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 22 مىڭ 30.8 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز ئورنى تېرىلغۇ كۆلىمىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 9582.8 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلۇق تىپىدىكى چۆللۈك كىلىماتىغا كىرىدۇ.

خوتەن ناھىيىسىنىڭ ياڭاقنىڭ دانىسى چوڭ، پوستى نېپىز، مېغىزىنىڭ ماي تەركىبى يۇقىرى. ناھىيە تەۋەسىدىكى يۇرۇڭقاش دەرياسى بىلەن قاراقاش دەرياسىنىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارى 4 مىليارد 600 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن چۈچۈكبۇيا، ئالقات، يەرمەدىكى، توشقان زەدىكى قاتارلىقلار، ياۋايى ھايۋانلاردىن جەرەن، ئۇلار، تۈلكە قاتارلىقلار، قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، ھاك تېشى، چىرىمتال، ئالتۇن، قاشتېشى قاتارلىقلار بار. خوتەننىڭ قوي مېيى رەڭگىدىكى داڭلىق ئاق قاشتېشى يۇرۇڭقاش دەرياسىدىن چىقىدۇ.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ خوتەن ناھىيىلىك 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ يانەن.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابدۇرېھىم ساۋۇت.

ھاكىم: ئېزىز قۇربان.

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئۆمەر ئىسمائىل.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 377 مىليون 782 مىڭ 600 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا) بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 43000.66 | 3.68— |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | 138601 | 0.81 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۇياق) | 753100 | 3.02— |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 13270 | 7.02 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | 67580 | 6.63 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | 4959 | 1.14 |
| بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | 32726 | 2.55 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | 1214 | 2.27 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | 6854 | 5.90 |

**ئىزاھ: جەدۋەلدىكى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 1998 - يىلى 49 مىليون 30 مىڭ يۈەن بولۇشى كېرەك ئىدى.**

%4.5 تۆۋەنلىدى. 138 مىڭ 601 توننا ئاشلىق، 126 توننا ياغلىق دان، 7036 توننا پاختا ئېلىندى. 1483.5 گېكتار بەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، شۇ يىلى 252.9 گېكتار بەردە ئىھاتە ئورمىنى، 1200.3 گېكتار بەردە ئىقتىسادىي ئورمان، 1107.4 گېكتار بەردە ياڭاق بەرپا قىلىندى. 10 مىڭ 790 توننا گۆش، 1861 توننا سۈت، 893 توننا قوي يۇڭى، 14 مىڭ 215 پارچە كالا تېرىسى، 453 مىڭ 228 پارچە قوي تېرىسى ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 43 مىليون 940 مىڭ 300 يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 307 كىلومېتىر ئېرىق - ئۆستەڭ رېمونت قىلىندى، 12.3 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى، 126.8 قوشۇمچە مۇئەسسەسە يۇرۇشلەشتۈرۈلدى. 126.8 گېكتار بوز يەر ئېچىلدى. 126.8 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى، 333 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ كىرىمى 132 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 85 مىليون 382 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 52 مىليون 224 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %10.1 ئاشتى. 39 مىليون 260 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 82 مىڭ توننا كۆمۈر، 43 مىڭ توننا سېمونت، 142 مىڭ كۋادرات مېتىر گىلەم ئىشلەپچىقىرىلدى. ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ سېتىۋېلىنىش سوممىسى 265 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە، سېتىلىش سوممىسى 122 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە، يېزا بازارلىرى سودىسىدا پۈتتۈشۈلگەن سومما 121 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە، ناھىيىلىك قاتناش ترانسپورت كارخانىسى توشۇغان يۈك 13 مىليون 640 مىڭ تونىنىغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 486 مىليون 430 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يىل ئاخىرىدىكى پروگراممىلىق تېلېفون 17 مىڭ 975 تۈگۈنگە، يېزا بازارلىرى سودىسىدا پۈتتۈشۈلگەن سومما 122 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 712. ناھىيىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 163 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 160)، ئوقۇغۇچىسى 50 مىڭ 36 (مىللىي 49 مىڭ 934)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ) 21، ئوقۇغۇچىسى 11 مىڭ 18؛ دارىلمۇئەللىمىن بىر (مىللىي دارىلمۇئەللىمىن)، ئوقۇغۇچىسى 82. ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 2846. بىر يىلدا 8 مىليون 440 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 13 مىڭ 400 كۋادرات مېتىر مەكتەپ ئۆيى سېلىندى، 4586 يۈرۈش پارتا - ئورۇندۇق تولۇقلاندى. ناھىيە بويىچە 3 تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى تارقىتىش ئۆيى، 8 رادىئو ئاڭلىتىش ئۆيى سېلىندى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %96كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش

نىسبىتى 94%كە يەتتى. ناھىيە بويىچە 17 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 516 سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 503 كارىۋات بار. ناھىيەدە 6 قېتىم تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 18 مىڭ ئادەم (قېتىم) قاتناشتى.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى ناھىيە بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 778 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مائاشى 6610 .5 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە نامراتلارنى يۆلەش كرېدىت تۈرى 14 بولۇپ، 30 مىليون 750 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئەمەلىيلەشتى؛ مالىيەدىن نامراتلارنى يۆلەش تۈرى 5 بولۇپ، 8 مىليون 50 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئەمەلىيلەشتى؛ ناھىيە بويىچە نامرات ئائىلىلەردىن 606 مىڭ يۈەن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق 3 خىل بېجى كېمەيتىلدى ياكى كەچۈرۈم قىلىندى؛ 815 ئائىلىدىكى 3504 ئادەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. 43 مىليون 940 مىڭ 300 يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 432 كىلومېتىر يېزا ئېلېكتر تورى ئۆزگەرتىلدى ۋە يېڭىلاندى. ئامېرىكىدىن 2000 جۈپ ئېسىل كەپتەر كىرگۈزۈلۈپ، 5 يېزا، بىر بازاردا نەسىللىك كەپتەر بېقىش مەيدانىدىن 7 سى قۇرۇلدى.

☆ تۆمۈريول مىنىستىرلىكى بىلەن ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى ئۆزۈنشور تەرەققىيات رايونىدا پاراۋۇز «ئۈمىد» باشلانغۇچ مەكتىپىدىن 2نى قۇردى.

☆ شۇ يىلى 5 تەرەققىيات رايونىدا 151 قۇدۇق قېزىلدى، بۇرۇنقى سۇغىرىش رايونلىرىدا 183 قۇدۇق قېزىلدى.

خۇالىڭ يۈگجىي

# گۇما ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

گۇما ناھىيىسى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە، قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1811 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 13، مەيدان 2. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 194 مىڭ 216 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 190 مىڭ 13)، يېزا نوپۇسى 155 مىڭ 720؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 16.38‰، ئۆلۈش نىسبىتى 8.04‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 8.34‰. ناھىيە بويىچە 30 مىڭ 591 .3 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 19 مىڭ 428 .9 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 5234 .9 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق ئېھىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

گۇما ناھىيىسى تەۋەسىدە قوشتاغ، سانجۇ، دۇۋا دەريالىرى بار، يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارى 739 مىليون كۇب مېتىرغا (92 مىليون كۇب مېتىر بۇلاق سۈيىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 250 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. ناھىيىنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 31%، پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئوتلاق كۆلىمى 509 مىڭ 300 گېكتارغا يېتىدۇ. ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن ئاساسلىقى توشقان زەدىكى، چۈچۈكبۇيا، زاراڭزا، كىرەش، قانتېپەر قاتارلىقلار، ياۋايى ھايۋانلاردىن ئۈلار، تاغ ئۆچكىسى قاتارلىقلار، قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى كۆمۈر، چىرىمتال، گەج، لىتىي، بېرىللىي، قاشتېشى، قوغۇشۇن، سىنىك، مانگان قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ گۇما ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لى شىڭجېڭ.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: تاش ئوسمان.

ھاكىم: سادىر نۇرمۇھەممەت.

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: غالىپ ياقۇپ (تاجىك).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 327 مىليون 11 مىڭ 600 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 169 مىليون 781 مىڭ 500 يۈەن) بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 5.05% تۆۋەنلىدى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 767 .3 توننا ياغلىق دان، 5101 توننا پاختا ئېلىندى. 687 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، پارچە - پۇرات يەرلەرگە 489 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى. 535 .7 گېكتار يەردىكى تۆۋەن ھوسۇللۇق ئىقتىسادىي ئورمان ئۆزگەرتىلدى، پارچە - پۇرات يەرلەرگە تىكىلگەن 117 مىڭ 400 تۈپ تۆۋەن ھوسۇللۇق ئىقتىسادىي ئورمان ياخشىلاندى. بىر يىلدا 2147 .8 توننا گۆش، 293 .7 توننا قوي يۇڭى ئېلىندى، 10 توننا بېلىق تۇتۇلدى، 13 مىڭ 60 قۇتا پىلە ئۇرۇقى تارقىتىلدى، 197 .9 توننا پىلە غوزىسى ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 24 مىليون 440 مىڭ 900 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 6778 مېتىر كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش دامبىسى ياسالدى، 880 مېتىر

### خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 25192.2 | —19.75 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 12646.2 | —34.7 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 6055.3 | 17.14 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 6490.7 | 4 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | 103034.26 | 7.29 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | 39.94 | —17.62 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 3842 | 21.74 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | 32395 | 4.86 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | 4370 | 23.24 |
| بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (100 مىليون يۈەن) | 2 | 42 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | 1212.6 | 10.27 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | 6588 | 7.81 |

**ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 152 مىليون 449 مىڭ يۈەن.**

كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش دامبىسى تاش بىلەن قوپۇرۇلدى. T شەكىللىك 245 توسما تاش بىلەن قوپۇرۇلدى، T شەكىللىك 147 توسما ياسالدى، 9793 مېتىر كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش دامبىسى، T شەكىللىك 23 توسما رېمونت قىلىندى، بۇلارغا 30 مىڭ 800 ئىش كۈنى ئەمگەك كۈچى سەرپ قىلىندى. سۇ زاۋۇتىدىن 6 سى، سۇ مۇنارىدىن 2 سى، ئېگىزلىك سۇ كۆلچىكىدىن 4 ى ياسالدى. 51.4 كىلومېتىر سۇ بىلەن تەمىنلەش غول تورۇبىسى، 75.4 كىلومېتىر تارماق تورۇبا ياتقۇزۇلدى. سانجۇ سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىدا 500 مېتىر سۇ باشلاش ئېرىق - ئۆستىڭى، 300 مېتىر چۈشۈرگە، 448 مېتىر كەلكۈن ئېرىقى ياسالدى. 50 قۇدۇق قېزىلدى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 27 مىليون 947 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 17 مىليون 211 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 32.09% ئاشتى؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 9 مىليون 419 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا 14 مىليون 90 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 5000 توننا ساپ پاختا، 3459 توننا ئۇن، 1529 توننا سۇ يېغى، 11 مىڭ 303 توننا كۆمۈر، 6 مىليون دانە خىش، 203 تاقاق، 1803 كۋادرات مېتىر گىلەم ئىشلەپچىقىرىلدى. ناھىيىلىك ترانسپورت شىركىتى توشۇغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 128 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 1 مىليون 184 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 4 مىليون 210 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 980 مىڭ يۈەن، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 3 مىليون 230 مىڭ يۈەن) گە، پروگراممىلىق تېلېفون 4218 توچكىغا يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 598. گۇما ناھىيىسى ئورۇندىغان «تېرىقچىلىقنى ئۆزگەرتىش تېخنىكا تەتقىقاتى ۋە ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇش» تۈرى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ناھىيىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 141 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 140)، ئوقۇغۇچىسى 26 مىڭ 986 (مىللىي 26 مىڭ 695)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 17 (مىللىي

ئوتتۇرا مەكتەپ 16)، ئوقۇغۇچىسى 8897 (مىللىي 8792)؛ كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 185 (مىللىي)؛ بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 58. ناھىيە بويىچە 16 دېھقان، چارۋىچىلار مەدەنىيەت ـ تېخنىكا مەكتىپىدە 35 قارار ھەرخىل يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، 357 مىڭ ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى. رادىئو، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %80كە يەتتى. ناھىيە بويىچە 16 تېببىي داۋالاش ـ سەھىيە ئاپپاراتى (يېزا ـ بازار شىپاخانىسى 15)، 387 سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 329)، 491 كارىۋات بار. بىر يىلدا 119 مەيدان (قېتىم) تۈرلۈك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 49 مىڭ 500 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى. 1999 ـ يىلى گۇما ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى يەنە بىر قېتىم ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن مەدەنىي ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 ـ يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 675 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە 9510 ئىشچى ـ خىزمەتچى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مائاشى 6870 يۈەنگە يەتتى. تۈرلۈك سودا-سېتىق كىرىمى 1 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بازار ـ يېزىلاردا 29 مىڭ 347 ئادەم (قېتىم) دۆلەتنىڭ قۇتقۇزۇشىغا ئېرىشتى، تارقاق تۇرۇۋاتقان 186 يېتىم ـ يېسىر، قېرى، مېيىپ، بالا كوللېكتىپ تەرىپىدىن بېقىلدى. 6065 ئائىلىدىكى 24 مىڭ 960 ئادەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. ناھىيە بازىرىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 2 مىليون 700 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 1.48 كىلومېتىر يول كېڭەيتىلدى، 74 كوچا چىرىغى ئورنىتىلدى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ 5 مىليون 729 مىڭ يۈەن سېلىقى يەڭگىللىتىلدى، يەنى كىشى بېشىغا 37.1 يۈەندىن يەڭگىللىدى.

☆ گۇما ناھىيىسىگە 8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى يەۋقۇلئاددە زور كەلكۈن كەلدى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 18 مىليون 604 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

جىن كېخۇا

# قاراقاش ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

قاراقاش ناھىيىسى كۇئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا، قاراقاش دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقان، ئۇرۇمچى

شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1535 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 ـ يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 15. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 394 مىڭ 231 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 389 مىڭ 75، خوتەن دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى 47 ـ تۈەن ـ مەيدانىنىڭ نوپۇسى 3966)، يېزا نوپۇسى 370 مىڭ 241؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰19.1، ئۆلۈش نىسبىتى ‰7.5، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰11.6. ناھىيە بويىچە 36 مىڭ 370 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 35 مىڭ 886.4 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (كىرىشتۈرۈپ تېرىلغان كۆلەم 16 مىڭ 608.5 گېكتار)، 8000 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

قاراقاش ناھىيىسىدە تەبىئىي گاز زاپىسى مول، ھازىر خوتەن دەرياسى تەبىئىي گازلىقى تارقالغان رايون ئاساسەن قاراقاش ناھىيىسى تەۋەسىدە ئىكەنلىكى، مۇئەييەن گەج ۋە ھاك تېشى زاپىسى بارلىقى ئېنىقلاندى. قاراقاش ناھىيىسى ئاپتونوم رايون بويىچە پىلە بېقىلىدىغان چوڭ ناھىيە بولۇپ، يىلىغا 1000 توننىدىن ئارتۇق پىلە غوزىسى ئېلىنىدۇ. ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن شاغلىق فېئودال پومېشچىك قورۇقى (ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى)، ئاقساراي يېزىسىدىكى قەدىمىي چىنار باغچىسى، مازار تاغ قەدىمىي شەھىرى (قەدىمدە خۇگبەيشەن دەپ ئاتالغان)، ئىمام ئەپتار مازىرى، سېرىقلىق خارابىلىكى قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قاراقاش ناھىيىلىك 7 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋاڭ شىنشياڭ.

13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: تالىپ قاسىم.

ھاكىم: ئوبۇلقاسىم سىراجىدىن.

سىياسىي كېڭەش 10 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئابدۇۋاقى ئەلى مەتشاھ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 ـ يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 714 مىليون 200 مىڭ يۈەن (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 399 مىليون يۈەن) بولۇپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن %3.31 ئۆسۈپ (ئۆزگەرمەس باھا، ئۆسۈش نىسبىتى بۇنداق ئېلىندى). 201 مىڭ 122 توننا ئاشلىق، 921 توننا ياغلىق دان (چىگىت بۇنىڭ سىرتىدا)،

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 ـ يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 50137 | —6.38 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 37106 | —7.46 |
| | 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 2950 | —16.78 |
| | 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 10081 | 2.76 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 201122 | 4.92 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۇياق) | | 841452 | —5.61 |
| يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 15179 | 9.5 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 76097 | 4.3 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 8293 | 35.51 |
| بازار ـ يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 28805 | 30.64 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 1963 | 29.83 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 9626 | 14.28 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 284 مىليون 30 مىڭ يۈەن.

7920 توننا ساپ پاختا، 4.765 توننا پىلە غوزىسى، 19 مىڭ 160 توننا كۆكتات، 3299 توننا قوغۇن ـ تاۋۇز، 19 مىڭ 260 توننا مېۋە ـ چېۋە ئېلىندى. 478 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. 11 مىڭ 946 توننا گۆش ئېلىندى. ئېتىز ـ ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 42 مىليون 551 مىڭ 200 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. پۈتكۈزۈلگەن چوڭ تۈرلەردىن 5.6 كىلومېتىر قوش قەۋەت سۇ سىڭمەسلەشتۈرۈلگەن بارامسۈيى غول ئۆستەڭ، 4.95 كىلومېتىر قوش قەۋەت سۇ سىڭمەسلەشتۈرۈلگەن زاۋا يېزىسى شاخلىق تارماق ئۆستەڭ، 5.3 كىلومېتىر قوش قەۋەت سۇ سىڭمەسلەشتۈرۈلگەن ياۋا يېزىسى ئۆستەڭ بار. 669.9 گېكتار بوزيەر ئېچىلدى، 648.9 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى. كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ سۇنى ياخشىلاشقا 17 مىليون 40 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ كىرىمى 145 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 40 مىليون 471 مىڭ يۈەن (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 35 مىليون 326 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1998 ـ يىلدىكىدىن 15.44% ئاشتى. 13 مىليون 900 مىڭ كىلوۋات سائەت توك (سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى تارقاتقىنى)، 2490 توننا ئۇن، 1387 توننا سۇ يېغى (چىگىت يېغىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 653 توننا ئارىلاشما يەم ـ خەشەك، 13 مىليون 510 مىڭ دانە خىش، 18 مىڭ 700 قۇر كىيىم ـ كېچەك، 7500 پار ئاياغ كىيىم، 14 توننا خام يىپەك، 8730 توننا ساپ پاختا ئىشلەپچىقىرىلدى، 1 مىليون 157 مىڭ 500 توننا تۇرۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەندى. توشۇلغان يولۇچى 6 مىليون 297 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى (ئاپتوبۇستا توشۇلغىنى). پوچتا ـ تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 7 مىليون 325 مىڭ 700 يۈەنگە، پروگراممىلىق تېلېفون 4416 تورچىگە، بازار سودىسىدا پۈتتۈشۈلگەن سوممىسى 83 مىليون 410 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم 944 (بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىكى 2، كاندىدات ئالىي دەرىجىلىكى 53، ئوتتۇرىچى 518). ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىنىڭ باغۋەنچىلىك گۇرۇپپىسى ئۆستىگە ئالغان

«خوتەننىڭ ئۆزۈم بايلىقىنى ئېچىپ پايدىلىنىش تەتقىقاتى ۋە ئۇنى كېڭەيتىش» تۈرى ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ناھىيىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 24 (بۇنىڭ ئىچىدە مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، خەنزۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپى بىر، كەسپىي ئالىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر)، ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى بىر، باشلانغۇچ مەكتەپ 185 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 184). ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 1033، ئوقۇغۇچىسى 20 مىڭ 607 (مىللىي 20 مىڭ 464)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 2198، ئوقۇغۇچىسى 58 مىڭ 630 (مىللىي 58 مىڭ 226)؛ ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى 30. مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 14 مىليون 60 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا - بازار ئوتتۇرا مەكتەپلىرىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىغا 5 مىليون 150 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 10 مىڭ 250 كۋادرات مېتىرلىق سىنىپ كۆپەيتىپ سېلىندى، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار پارتىسىدىن 7687سى كۆپەيتىلدى؛ يېزا - بازار باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنى كېڭەيتىشكە 8 مىليون 910 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 17 مىڭ 810 كۋادرات مېتىرلىق سىنىپ سېلىندى، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار پارتىسىدىن 13 مىڭ 357سى كۆپەيتىلدى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %92كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %90كە يەتتى. سايباغ يېزا ئۆلۈغئاتا كەنتى بىلەن كاۋاك يېزا تۈزلۈقئوتاق كەنتىدە بىردىن يەر يۈزى تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى قوبۇل قىلىش پونكىتى قۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن قاراقاش ناھىيىسىنىڭ ھەممە كەنتىدىكى كىشىلەر رادىئو - تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى ئاڭلىيالايدىغان ۋە كۆرەلەيدىغان بولدى. ناھىيە بويىچە 21 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى (بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا 2، شىپاخانا 16)، 657 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 880 كارىۋات بار. 5 - ئايدا خوتەن ۋىلايىتىدە ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى نۆۋەتلىك ئىشچى - خىزمەتچىلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە قاراقاش ناھىيىسى كوماندىسى 400 مېتىرغا يۈگۈرۈشتە 1 - بولدى.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ساپ كىرىمى 596.93 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 7144 يۈەنگە يەتتى. مال - مۈلۈك سۇغۇرتا كىرىمى 2 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە، تۆلەم سوممىسى 2 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 18 دۆلەت كارخانىسىدىكى 1349 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغانلار كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى، ياشانغانلار كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسى فوندى سوممىسى 1 مىليون 776 مىڭ يۈەنگە يەتتى، دەم ئېلىشقا ۋە پېنسىيىگە چىققان 615 ئىشچى - خىزمەتچى ئېيىغا 491 يۈەن دەم ئېلىش ۋە پېنسىيە پۇلى ئالدى، 3 كوللېكتىپ كارخانىدىكى 669 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغانلار كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتنىشىپ، 2 مىليون 40 مىڭ يۈەن ياشانغانلار كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسى فوندى تاپشۇردى، دەم ئېلىشقا ۋە پېنسىيىگە چىققان 312 خادىم ئېيىغا 478.9 يۈەن دەم ئېلىش ۋە پېنسىيە پۇلى ئالدى. 87 ئورۇندىكى 6507 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى، ئۇلار تاپشۇرغان ئىشسىزلىق سۇغۇرتا سوممىسى 700 مىڭ يۈەنگە، پۇل تاپشۇرۇش نىسبىتى %89.77كە يەتتى. ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان 42 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق كاپالەت سوممىسى ئالدى، 125 كىشى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە تەربىيىلىنىشكە قاتناشتى، 97 كىشى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. نامرات ئائىلىلەرگە 35 مىليون يۈەن نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى، نامرات ئائىلىلەرنىڭ 679 مىڭ يۈەن ئۆچ خىل بېجى كېمەيتىلدى ياكى كەچۈرۈم قىلىندى، 5719 ئائىلىدىكى 24 مىڭ 358 كىشىنىڭ كىيىم پۈتۈن، قورساق توق بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى. ناھىيىلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسى ناھىيە بازىرىدىكى ئەخلەتنى بىر تۇتاش تازىلاپ توشۇش ئۈچۈن 430 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 3 ئەخلەت ئاپتوموبىلى، 60 ئەخلەت ساندۇقى سېتىۋالدى. بازار رايونىدىكى يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە 29 مىڭ 868 تۈپ كۆچەت تىكىلدى.

جاڭ يۈ

# لوپ ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

لوپ ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي - جەنۇبىي چېتىگە، كوئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1489 كىلومېتىر (قۇملۇق تاشيولى بويىچە) كېلىدۇ. 1999 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 8، مەيدان 4، باشقۇرۇش رايونى بىر. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 228 مىڭ 17 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 223 مىڭ 694)، يېزا نوپۇسى 200 مىڭ 616؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰15.94، ئۆلۈش نىسبىتى ‰7.35، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰8.59. ناھىيە بويىچە 26 مىڭ 326.67 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 22 مىڭ 520 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى

(ئېگىز ئورنى تېرىلغۇ كۆلىمى 10 مىڭ 786.67 گېكتار)، 8373.33 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بولۇپ، تاغلىق رايوننىڭ قۇرغاق چۆللۈك كىلىماتىغا كىرىدۇ.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ لوپ ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لۇ پىڭ.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئەخمەت توختى مەتتوختى.

ھاكىم: ئوسمان بۇرھان.

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئابلا تۇردى.

## يېقىنقى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 475 مىليون 717 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 297 مىليون 32 مىڭ 900 يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 4.61% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا). 122 مىڭ 386 توننا ئاشلىق، 83 توننا ياغلىق دان، 10 مىڭ 577 توننا پاختا (ساپ پاختا) ئېلىندى. 766.67 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە مېۋىلىك باغ 380 گېكتار، پارچە - پۇرات يەرلەرگە 834 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى. 7889 توننا گۆش، 2376 توننا سۈت، 598 توننا قوي يۇڭى، 457 توننا تۇخۇم ئېلىندى. 89 توننا بېلىق تۇتۇلدى، 1099 توننا پىلە غوزىسى ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 14 مىليون 360 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 267.68 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى، 1925 يۇرۇشلەشكەن ئىنشائات ياسالدى، 140 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، 125 ئومۇمىيۈزلۈك يۇرۇشلەشكەن ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى. 82.3 كىلومېتىر زەيكەش چېپىلدى، 780 گېكتار بوزيەر ئېچىلدى، 1333.33 گېكتار ئوتتۇرا، تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز ئۆزگەرتىلدى. ناھىيە ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىدا خوتەن ۋىلايىتى بويىچە «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇسابىقىسىدا 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 33. 1333 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر، 2888 ئېغىل - قوتان كۆپەيتىلدى. يېزا - بازار كارخانىسى 4473 كە، كىرىمى 119 مىليون يۈەنگە يەتتى.

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
| --- | --- | --- |
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 32439 | -18.77 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 17543 | -22.7 |
| 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 5448 | -27.1 |
| 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 9448 | 1.2 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | 122386 | 8.09 |
| يىل ئاخىرىدا قولغا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | 46.23 | -11.52 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 12139 | 15.13 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | 51501 | -0.4 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | 5458.3 | -8.17 |
| بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | 12598 | -23.74 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | 1339 | 4.86 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | 6632 | 11.89 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 168 مىليون 295 مىڭ يۈەن. 1998 - يىلى يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى ھازىرقى باھا بويىچە 105 مىليون 440 مىڭ يۈەن.

سائائەت قوشۇلما قىممىتى 9 مىليون 820 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 27.21% تۆۋەنلىدى. 12 مىليون 430 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 61 مىڭ 100 توننا سېمونت، 36 مىليون 100 مىڭ دانە خىش، 6100 توننا ئۇن، 10 مىڭ 362 توننا پاختا (ساپ پاختا)، 4052 كۋادرات مېتىر گىلەم، 48 توننا زاۋۇت يىپىكى ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 50 مىليون 780 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 4 مىليون 898 مىڭ يۈەنگە، پروگراممىلىق تېلېفون 4295 توچكىغا، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ سېتىلىش سوممىسى 36 مىليون 606 مىڭ يۈەنگە، بازار سودىسىدا پۈتتۈشۈلگەن سومما 15 مىليون 125 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 445 (بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇتقۇچى 316). 310 قارار پەن - تېخنىكا بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، 64 مىڭ 609 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى. ناھىيىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 139 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 138)، ئوقۇغۇچىسى 37 مىڭ 894 (مىللىي 37 مىڭ 454)، ئوقۇتقۇچىسى 1362 (مىللىي 1333)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 19 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 18)، ئوقۇغۇچىسى 19 مىڭ 853 (مىللىي 19 مىڭ 733)، ئوقۇتقۇچىسى 701 (مىللىي 681)؛ كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر (مىللىي مەكتەپ)، ئوقۇغۇچىسى 409 (مىللىي)، ئوقۇتقۇچىسى 38 (مىللىي)؛ بالىلار باغچىسى 2، باغچىدىكى بالا 299 (مىللىي 184). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 4 مىليون 797 مىڭ 800 يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 9446 كۋادرات مېتىرلىق مەكتەپ ئۆيى سېلىندى ۋە كېڭەيتىپ سېلىندى (بۇنىڭ 2195.66 كۋادرات مېتىرى پۈتكۈزۈلدى). 7912 يۈرۈش ئوقۇغۇچىلار پارتا - ئورۇندۇقى، 481 يۈرۈش ئوقۇتقۇچىلار ئىش ئۈستىلى سېتىۋېلىندى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 98%كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 85%كە يەتتى. 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى يۇرۇڭقاش بازارلىق سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى پروگرامما تارقىتىشقا باشلىدى. 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى چەت، يىراق نامرات جاي ئاچچىق باشقۇرۇش رايونىدا چاستوتىسى تىزگىنلەنگەن رادىئو ۋە تېلېۋىزىيە كۈچەيتىش ئىستانسىسى ئىشقا كىرىشتى. ناھىيە بويىچە 18 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى (شىپاخانا 14، دوختۇرخانا 2، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى بىر، پىلانلىق تۇغۇت يېتەكچىلىك پونكىتى بىر)، 610 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 592 كارىۋات بار، 163 قېتىم ھەرخىل تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 17 مىڭ 350 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 784 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 6539.8 يۈەنگە يەتتى. تۈرلۈك سۇغۇرتىنىڭ سۇغۇرتىلاش سوممىسى 314 مىليون 836 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 1 مىليون 876 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى. شۇ يىلى 61 كادىر تۆۋەنگە ئەۋەتىلىپ نۇقتا بەلگىلەپ بىر ئادەم بىر ئائىلىگە ياردەم بېرىش بويىچە نامراتلارنى يۆلەش، نامراتلارنى ھەمكارلىشىپ يۆلەش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، ناھىيە بويىچە نامرات ئائىلىلەرگە 783 مىڭ يۈەن قىممەتتىكى ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلىندى. 3913 ئائىلىدىكى 14 مىڭ 741 ئادەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. ناھىيە بازىرىدىكى ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 6000 مېتىر، كەڭلىكى 27 مېتىر، كۆلىمى 144 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىغان 4 غول يول كېڭەيتىلدى، 11 مىڭ 740 مېتىر يولنىڭ گىرۋىكىگە تاش ئورنىتىلدى، پىيادىلەر يولى بىلەن ئاپتوموبىل يولى ئايرىلغان ئاساسىي يول ياسالدى، پىيادىلەر بىلەن ئاپتوموبىل ماڭىدىغان يولنى ئايرىپ تۇرىدىغان 3400 مېتىر رىشاتكا ئورنىتىلدى، 13 مىڭ 800 كۋادرات مېتىر كۆكەرتىلگەن كۆلەم رەتلەندى. ناھىيە بازىرىدا 600 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا، 12 مېتىر كەڭلىكتە 2 - ئايلانما يول ياسالدى، 12 كىلومېتىر يولنىڭ گىرۋىكىگە تاش ئورنىتىلدى. 4 مىليون 60 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ ناھىيە بازىرىدىكى ئېلېكتر تورى لىنىيىسى ئۆزگەرتىلدى، 10 - ئاينىڭ 28 - كۈنى توك يەتكۈزۈلدى. 3 - ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن ئاپتونوم رايونلۇق شەھەرلەر «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇسابىقىسىدە لوپ ناھىيىسىگە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «ئىلغار ناھىيە بازىرى» بولۇپ باھالاندى.

☆ يۇرۇڭقاش دەرياسىغا 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى كەلكۈن كەلدى، كەلكۈننىڭ سېكۇنتلۇق ئېقىن مىقدارى 1100 كۇب مېتىرغا يەتتى. 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنى يەنە بىر قېتىم كەلكۈن كەلدى، كەلكۈننىڭ سېكۇنتلۇق ئېقىن مىقدارى 1240 كۇب مېتىرغا يەتتى.

شى جىنفا

# كېرىيە ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

كېرىيە ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. شەرقتە نىيەدىن چىقىپ قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتىدىغان قۇملۇق تاشيولىنىڭ ئۇزۇنچى شەھىرىگىچە بولغان مۇساپىسى 1300 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 13، مەيدان 2. كونا بازار رايونلۇق ئىش باشقارمىسى بىر (يېڭىدىن قۇرۇلغان بوزيەر دېھقانچىلىق مەيدانى). يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (كېرىيە ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىنىڭ نوپۇسى بۇنىڭ سىرتىدا) 204 مىڭ 400 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 201 مىڭ 900)، يېزا نوپۇسى 185 مىڭ 600؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰15 .15، ئۆلۈش نىسبىتى ‰54 .6، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰61 .8. ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدا 24 مىڭ 300 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 19 مىڭ 900 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز ئورنى تېرىلغۇ كۆلىمى 7900 گېكتار)، 8540 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئېگىز ئورنى تېرىلغۇ كۆلىمى 20 گېكتار) تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق چۆللۈك كىلىماتىغا كىرىدۇ.

كېرىيە ناھىيىسى تەۋەسىدە كېرىيە، تۇمىيار دەرياسى قاتارلىق 11 دەريا - ئېقىن بار، ئۇلارنىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارى 997 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 425 چوڭ - كىچىك مۇزلۇق بار، سۇ زاپىسى تەخمىنەن 49 مىليارد كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. تۇزلەڭلىكتە بۇلاق سۈيى ئاقىدىغان چوڭراق ئېقىندىن 8ى بار، ئۇلارنىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارى 304 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە پايدىلانغىلى بولىدىغان ئېقىن 6، يىللىق ئېقىن مىقدارى 124 مىليون كۇب مېتىر. يەر ئاستى سۈيىنىڭ زاپىسى 288 مىليون كۇب مېتىر، بۇنىڭ 240 مىليون كۇب مېتىرىنى ئارتقىلى بولىدۇ. ھەرخىل ئوتلاق كۆلىمى 724 مىڭ 200 گېكتارغا، پايدىلانغىلى بولىدىغان ئوتلاق كۆلىمى 715 مىڭ 300 گېكتارغا يېتىدۇ. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن بۆكەن، يىلپىز قاتارلىقلار، دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن توشقان زەدىكى، چۈچۈكبۇيا قاتارلىقلار، قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى ئالتۇن، قاشتېشى ۋە كۆل تۇزى قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ كېرىيە ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لى بىن (11 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جاڭ شيۇچېڭ (11 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مۇھەممەتجان غوپۇر.

ھاكىم: ئابدۇللا قۇربان.

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئەيسا توختى.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 440 مىليون 510 مىڭ 500 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 278 مىليون 694 مىڭ 200 يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %18 .3 ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 110 مىڭ 336 توننا ئاشلىق، 354 توننا ياغلىق دان، 8270 توننا پاختا، 6296 توننا قوغۇن-تاۋۇز، 168 توننا پىلە غوزىسى ئېلىندى. 940 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. 5107 گېكتار تەبىئىي قورۇشىما ئورمان بار، 26 .138 گېكتار مېۋىلىك باغ كۆپەيتىلدى. 87 .371 گېكتار يەردىكى تۆۋەن ھوسۇللۇق ئورمان ئۆزگەرتىلدى. 6467 توننا گۆش، 754 توننا يۇڭ، 281 مىڭ 900 پارچە تېرە، 341 مىڭ 300 ئۆي قۇشى، 1024 توننا تۇخۇم ئېلىندى. يېزا ئىگىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 30 مىليون 373 مىڭ 500 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 67 .666 گېكتار بوزيەر ئېچىلدى، 40 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، 2 .141 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى، 940 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى، 67 .206 گېكتار يەرنىڭ سۇغىرىش شارائىتى ياخشىلاندى. 940 گېكتار شورلۇق يەر ياخشىلاندى. 33 .1373 گېكتار سالا ئېتىز تۈزلەندى، 33 .1233 گېكتار ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز ئۆزگەرتىلدى، 31 مۇستەھكەم ئىنشائات ياسالدى. ئارىلىقتىكى چۈشۈرگە بىلەن يەتتە دۆلەت كۆچۈرمىلىك كەلكۈن ئاققۇزۇش دامبىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. كېيەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - سۈنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشى بويىچە مۇغاللا بازىرىدا 1 - سۇ زاۋۇتى، جاي يېزىسىدىكى 2 - سۇ زاۋۇتى پۈتتى. ئاچچان يېزا پۇلۇ كەنتى ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ تۇپا - تاش ۋە بېتون قۇرۇلۇشى پۈتتى، بۇ قۇرۇلۇش ئۇسكۇنىلىرىنى قۇراشتۇرۇش باسقۇچىغا كىردى. 1999 - يىلى ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى بويىچە خوتەن ۋىلايىتىدە ئۆتكۈزۈلگەن «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇسابىقىسىدە كېرىيە ناھىيىسى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى دۆلەت ئاۋىئاتسىيە باش ئىدارىسى كېرىيە ناھىيىسىگە قىممىتى 5 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان دېھقانچىلىق ماشىنا

## خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
| --- | --- | --- |
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 27808.80 | —75.29 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 21429.70 | —77.35 |
| 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 2571.70 | 112.64 |
| 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 3807.40 | —54.80 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | 110336 | 1.22 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | 636376 | 8.84 |
| يېزا - بازاركارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 5991 | 9.11 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | 36858 | 3.11 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | 8075 | 22.66 |
| بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | 12076 | —0.31 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | 1142 | 9.28 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | 6535 | 11.08 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 180 مىليون 676 مىڭ 300 يۈەن.

سايمىنى ئىشلەپچىقىرىش قىلدى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 12 مىليون 921 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 11 مىليون312 مىڭ يۈەن) بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن %6.74 تۆۋەنلىدى؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 2 مىليون 479 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %37.52 ئاشتى. 13 مىليون 637 مىڭ 500 كىلوۋات سائەت توك، 873 توننا تۇز، 9 توننا قاشتېشى، 5925 توننا ساپ پاختا ئىشلەپچىقىرىلدى؛ ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئاشلىق سودا باش شىركىتى 5700 توننا ئۇن، 680 توننا گۈرۈچ، 703 توننا سۈ يېغى ئىشلەپچىقاردى. ناھىيە بويىچە تۇراقلىق مۇلۇككە 22 مىليون 660 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيىلىك قاتناش - ترانسپورت شىركىتى توشۇغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 3 مىليون 593 مىڭ 300 ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 8 مىليون 978 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 593 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 3 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە، پروگراممىلىق تېلېفون كوممۇتاتورىنىڭ سىغىمچانلىقى 8432 توچكىغا، يىل ئاخىرىدىكى پروگراممىلىق تېلېفون 4184 توچكىغا يەتتى.

### پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 673 (ئوقۇتقۇچىلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە). ناھىيىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 17 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 16)، ئوقۇغۇچىسى 8390 (مىللىي 8280)؛ مىللىي كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇتقۇچىسى 310؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 103 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 102)، ئوقۇغۇچىسى 31 مىڭ 191 (مىللىي 30 مىڭ 837)؛ بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 262 (مىللىي 135). ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 668 (مىللىي 648). باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 1439 (مىللىي 1410)، باغچا ئوقۇتقۇچىسى 17 (مىللىي 3). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 5 مىليون 455 مىڭ يۈەن (يەرلىكنىڭ چىقىم قىلغىنى 215 مىڭ يۈەن) مەبلەغ سېلىنىپ، نامرات رايونلارنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپى

قۇرۇلۇشى بويىچە چالا قۇرۇلۇشى قىلىنىۋاتقان 9 مەكتەپنىڭ 7986 كۋادرات مېتىرلىق قۇرۇلۇشى تاماملاندى، قۇرۇلۇشنىڭ پۈتۈش باھاسى 4 مىليون 567 مىڭ يۈەن، بۇ قۇرۇلۇش ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. 2858 كۋادرات مېتىرلىق خەتەرلىك ئۆي يېڭىلاندى، 10 مىڭ 793 كۋادرات مېتىر مەكتەپ ئۆيى كېڭەيتىلدى، 1410 يۈرۈش پارتا ـ ئورۇندۇق سەپلەندى، بىر قىسىم ئوقۇتۇش ۋە تەنتەربىيە سايمانلىرى، كىتاب قاتارلىقلار تولۇقلاندى. ناھىيە بويىچە 20 تېببىي داۋالاش ـ سەھىيە ئاپپاراتى، 519 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 448)، 447 كارىۋات بار. ھەر بىر يېزا ـ بازاردا پىلانلىق تۇغۇت يېتەكچىلىك پونكىتىدىن 13ى قۇرۇلدى ھەمدە كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمىدىن 34ى (مىللىي 30) سەپلەندى. ناھىيە بويىچە %50 يېزا ـ بازاردا ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. چەت، يىراق 10 كەنتتە سۈنئىي ھەمراھ تېلېۋىزىيە كۆچەيتىش ئۈسكۈنىسى ۋە چاستوتىسى تېزگىنلىنىدىغان رادىئو ئۈسكۈنىسى ئورنىتىلدى. ناھىيە بويىچە بىر قېتىم دېھقان، چارۋىچىلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 429 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى. 13 قېتىم ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 1125 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 ـ يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 6.678 يۈەنگە، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل كىرىمى 7288 يۈەنگە يەتتى. 367 ئىشچى ـ خىزمەتچى ئىشتىن قالدۇرۇلدى، 223 ئادەم قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ سۇغۇرتىلاش سوممىسى 17 مىليون 580 مىڭ يۈەن (يېزا ئىگىلىك سۇغۇرتىسىنىڭ سۇغۇرتىلاش سوممىسى 12 مىليون 130 مىڭ يۈەن) گە، ئۆمۈر سۇغۇرتىسىنىڭ سۇغۇرتىلاش سوممىسى 1 مىليون 466 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ جىسمانىي سۇغۇرتا بويىچە 393 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى (جىسمانىي سۇغۇرتىنىڭ قەرەلى توشقاندا 322 مىڭ يۈەن بېرىلدى). كىرىمى ئاز ئائىلىلەرگە 9 مىليون يۈەندىن ئارتۇق نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى تارقىتىلدى، 9024 نامرات ئائىلىدىن ئېلىنىشقا تېگىشلىك 824 مىڭ 600 يۈەن باج كېمەيتىلدى ياكى كەچۈرۈم قىلىندى. 2583 ئائىلىدىكى 11 مىڭ 163 كىشى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. شۇ يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ سېلىنچى 7 مىليون 561 مىڭ 700 يۈەن يېڭىلىنىپ، بۇ كىشى بېشىغا 84.41 يۈەندىن توغرا كېلىدۇ.

ئىزاھ: 1998 ـ يىلدىكى سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 14 مىليون 483 مىڭ يۈەن (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 12 مىليون 130 مىڭ يۈەن) بولۇشى كېرەك.

فەن ۋېيدۇڭ

# چىرا ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

چىرا ناھىيىسى كوئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. 1999 ـ يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 7. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 131 مىڭ 600 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 129 مىڭ 700)، يېزا نوپۇسى 116 مىڭ؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰15.53، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰8.1. ناھىيە بويىچە 19 مىڭ 530 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 11 مىڭ 820 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز ئورنى تېرىلغۇ كۆلىمىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 4080 گېكتار يەرگە كېۋەز، 460 گېكتار يەرگە ياغلىق دان تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

چىرا ناھىيىسى تەۋەسىدە نۇر، چىرا دەرياسى قاتارلىق يەسلىلىك دەريا ـ ئېقىندىن 9ى، بۇلاق سۈيى ئاقىدىغان چوڭراق جىلغىدىن 6 سى بار، يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارى 680 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. ياۋايى ھايۋانلاردىن جەرەن، سۇلەيسۇن، ئۇلار قاتارلىقلار، دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن قار لەيلىسى، چۈچۈكبۇيا، توشقان زەدىكى، زاراڭزا، ئالقات قاتارلىقلار بار، بولۇپمۇ چۈچۈكبۇيا بىلەن توشقان زەدىكى كۆپ. قېزىلما بايلىقلاردىن تۆمۈر رۇدىسى، قاشتېشى، ھاك تېشى، چىرىمتال، تاشپاختا، گەج، گۈڭگۈرت، ئاشتۇزى ۋە ئالتۇن قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ چىرا ناھىيىلىك 7 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋۇ مېڭلىن.

12 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مەتنىياز رەجەپ.

ھاكىم: تۇرغۇن زاكىر.

سىياسىي كېڭەش 10 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: مۇھەممەتنۇر ئەخمەت.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 172 مىليون يۈەن (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا) گە يەتتى. 63 مىڭ توننا ئاشلىق، 5040 توننا ساپ پاختا، 250 توننا

### خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 2.28 | —14 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | 6.3 | —3.5 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | 50.45 | —0.9 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 6460 | 195 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (تۈمەن كىلوۋات) | 3.27 | —0.9 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | 3699 | 15.6 |
| بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | 17200 | 3.4 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | 828 | 0.9 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | 5084 | 2.4 |

ئىزاھ: جەدۋەلدىكى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلات قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى.

پىلە غوزىسى ئېلىندى، 1040.7 گېكتار بوزيەر ئېچىلدى، 1200 گېكتار يەر تۈزلەندى، 820 گېكتار ئوتتۇرا، تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز ئۆزگەرتىلدى. چۈنەكلەپ سۇغىرىلىدىغان يەر 1133.3 گېكتارغا يەتتى، 133.3 گېكتار شورلۇق يەر ياخشىلاندى، 658.6 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. كۆلىمى 127 مىڭ 420 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان 6371 قوتان ئۆزگەرتىلدى، 654.6 گېكتار ئوتلاق بەرپا قىلىندى. سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 27 مىليون 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 114 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى، 800 يۇرۇشلەشكەن ئىنشائات ياسالدى. ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىشقا ئىشلىتىلىدىغان توك ئۈچۈن 13 مىليون 64 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 67 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، 67 قۇدۇق يۇرۇشلەشتۈرۈلدى؛ 42 ماشىنىلاشقان قۇدۇق رېمونت قىلىنىپ ئۆزگەرتىلدى. 22 مىليون 597 مىڭ 900 كۇب مېتىر يەر ئاستى سۈيى تارتىلدى. 33.4 كىلومېتىر پۇختا ۋە ۋاقىتلىق كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش دامبىسى ياسالدى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ كىرىمى 64 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 396 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1999 - يىلى چىرا ناھىيىسى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، ئاشلىق زىرائىتى ۋە كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمىنى مۇۋاپىق قىسقارتىپ، ياغلىق دان، بېدە، كۆكتات ۋە باشقا بازار ئىستىقبالى بىر قەدەر ياخشى ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى تېرىشنى يولغا قويدى. «سەككىز بىر قۇرۇلۇشى» (يەنى بىر بېدىش ئۈزۈم، بىر مېۋىلىك باغ، بىر پارچە ئەتىرگۈللۈك، بىر كاتەك ئۆي قۇشى، بىر قەپەز كەپتەر، بىر قوتان مال، بىر قۇتا پىلە ۋە بىر سانائەت قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش تۈرى) نى باشلامچى قىلىپ، ھويلا - ئارام ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ، كۆزۈر مەھسۇلاتلارنىڭ بارلىققا كېلىشىنى ئىلگىرى سۈردى، 350 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، سۈپەتلىك ئۈزۈم يېتىشتۈردى، باقمىچىلىق كەسپىي ئائىلىلىرىگە 2000 يۈەندىن ئاز سوممىلىق قەرز پۇل بەردى. يىل ئاخىرىدا قوي باققۇچى كەسپىي ئائىلە 11 مىڭ 600 گە، باقىقان قويى 294 مىڭ 700گە؛ كالا باققۇچى كەسپىي ئائىلە 2456 گە، باقىقان كالىسى 12 مىڭ 300 گە، ئېشەك باققۇچى كەسپىي ئائىلە 14 مىڭ 900گە، باقىقان ئېشىكى 24 مىڭ 900گە، توخۇ باققۇچى ئائىلە 11 مىڭ 300گە، باقىقان توخۇسى 225 مىڭغا؛ كەپتەرباققۇچى ئائىلە 1270گە، باقىقان كەپتىرى 19 مىڭ جۈپكە يەتتى.

ناھىيە بويىچە سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 15 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا) گە يەتتى. 2

مىليون 920 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 15 مىڭ 589 توننا ئۇن، 1765 توننا سۇ بېغىسى، 4675 توننا پاختا ئىشلەپچىقىرىلدى، توقۇلغان گىلەمنىڭ قىممىتى 1 مىليون 146 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 375 مىڭ 300 ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 7 مىليون 306 مىڭ 300 توننا - كىلومېتىرغا، پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 439 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى پروگراممىلىق تېلېفون 3229 توچكىغا يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 474. قىشلىق پەن - تېخنىكا پائالىيىتىدە 163 قارار كۇرس ئېچىلىپ، 24 مىڭ 600 دېھقان، چارۋىچى (قېتىم) تەربىيىلەندى. ناھىيىدىكى ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 14 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 13)، ئوقۇغۇچىسى 8612 (مىللىي 8545)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 326 (مىللىي)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 90 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 89)، ئوقۇغۇچىسى 22 مىڭ 413 (مىللىي 22 مىڭ 200)؛ بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 333 (مىللىي 283). ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 1798 (مىللىي 1725). ناھىيە بويىچە رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %96.7كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %93كە يەتتى. ناھىيە بويىچە10 تېببىي داۋالاش ئاپپاراتى، 375 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 337)، 334 كارىۋات بار. ناھىيە بويىچە 5 قېتىم دېھقان، چارۋىچىلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 350 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى.

## خەلق تۇرمۇشى

1999- يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 790.6 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 7534 يۈەنگە يەتتى. 1310 ئائىلىدىكى 6903 ئادەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. نامرات ئائىلىلەردىن ئېلىشقا تېگىشلىك 300 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بېجى كەمەيتىلدى ياكى كەچۈرۈم قىلىندى. ناھىيە بويىچە ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق 87 ئورۇن ئۆز سىستېمىسى بويىچە نامراتلارنى يۆلىدى. تاغلىق رايونلاردىكى نامرات دېھقان، چارۋىچىلار كۆچۈرۈلۈپ، ئۇلارغا 203 يۈرۈش تۇرالغۇ ئۆي سېلىپ بېرىلدى. 180 ئائىلە يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىردى، بۇنىڭ بىلەن 792 ئادەم يېڭى تۇرالغۇ ئۆيگە ئولتۇراقلاشتى. بىر يىلدا 1 مىليون 614 مىڭ 200 يۈەن قىممىتىدىكى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ماددىي بۇيۇمى ۋە نەق پۇل ئاجرىتىلدى. ناھىيە بويىچە «ئىككى كاسا» قوبۇل قىلغان ئامانەت پۇلى 172 مىليون يۈەنگە، ئاشلىقنىڭ قىممىتى 24 مىڭ 100 يۈەنگە يەتتى.

شېي يۇڭشياڭ

# نىيە ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

نىيە ناھىيىسى كۇئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى (ئوتتۇرا ئارىم تاشيولى) 1230 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1999 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 5، دۆلەت چارۋىچىلىق فېرمىسى بىر. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 33 مىڭ 132 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 30 مىڭ 36)؛ يېزا نوپۇسى 24 مىڭ 224؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰12.99، ئۆلۈش نىسبىتى ‰4.2، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰8.79. ناھىيە بويىچە 4529 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 2945 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز ئورنى تېرىلغۇ كۆلىمىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 1000 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئاساسلىقى كېۋەز) تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

نىيە ناھىيىسى تەۋەسىدە نىيە، چىچىغان، يار تۇڭگۇز، گەندىر ۋە تورانخوجا دەرياسىدىن ئىبارەت 5 پەسىللىك دەريا - ئېقىن بار. توغراقلىق، يۇلغۇنلۇق قاتارلىق تەبىئىي ئورمانلىق 97 مىڭ 276 گېكتارغا يېتىدۇ. ناھىيە بويىچە 795 مىڭ 800 گېكتار ئوتلاق (ئورمان كۆلىمىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) بار. ئەتىۋارلىق ھايۋانلاردىن يىلپىز، جەرەن، تاغ ئۆچكىسى قاتارلىقلار، دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن توشقان زەدىكى، چۈچۈكبۇيا قاتارلىقلار، تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلاردىن ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، تۆمۈر، قوغۇشۇن، ئاليۇمىن، سىنىك، خرۇستال، ھاك تېشى، چىرىمتال ۋە ئىسلاندىيە شپاتى قاتارلىقلار بار. مەشھۇر ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن نىيە خارابىسى بىلەن خەن، تاڭ دەۋرلىرىگە ئائىت شايانتاق ۋە ئاق قوچقىراق قەلئەسىدىن ئىبارەت 2 قەلئە بار، بۇ قەلئەلەر ھازىرغىچە ياخشى ساقلانماقتا.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ نىيە ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋاڭ شياۋۋېن (10 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، تۇڭ ۋېيدۇڭ (12 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئادىل ئەلى.

ھاكىم: توختىقۇربان خۇدۇمبەردى (9 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ئالىمجان مەمتىمىن (9 - ئايدا مۇۋەققەت ھاكىم بولدى، 12 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: سۇلايمان تۇردى.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

1999 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 82 مىليون 831 مىڭ 100 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 45 مىليون 463 مىڭ 300 يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %3.2 ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 17 مىڭ 770 توننا ئاشلىق، 513 توننا ياغلىق دان، 1415 توننا پاختا (ساپ پاختا)، 2724 توننا گۆش، 162 توننا سۈت، 260 توننا يۇڭ، 123 مىڭ 60 پارچە ھەرخىل تېرە ئېلىندى. 233 گېكتار پەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. بىر يىلدا ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 8 مىليون 950 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، كەڭتوپا سۇ باشلاش قۇرۇلۇشىنىڭ ئوپا - تاش قىسمى تاماملاندى. 0.33 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى. ناھىيە بويىچە يېزا - بازار كارخانىسى (يەككە سودا - سانائەت كارخانىلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 1064 كە، كەسىپكارى 1865 كە، كىرىمى 32 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە، يۇقىرىغا تاپشۇرغان پايدا - بېجى 5 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 8 مىليون 460 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 3 مىليون 878

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1998 - يىلدىكىدىن ئاشىشى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 7173.31 | —10.5— |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 3628.52 | —18.14 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 1157.1 | —14.16 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 2387.69 | 6.82 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 17770 | 11.2 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 21.9 | —12.05 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 3368 | 18.11 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 10573 | 0.72 |
| بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 5021.42 | 14.64 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 2476.14 | 8.45 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 319 | 4.93 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 3111 | 9.27 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 39 مىليون 5700 يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ 21 مىليون 695 مىڭ 200 يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ 5 مىليون 805 مىڭ يۈەن، 3 - كەسىپنىڭ 11 مىليون 505 مىڭ 500 يۈەن.

مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 13.3% ئاشتى. بىر يىلدا 4 مىليون 140 مىڭ كىلوۋات سائەت توك (بۇنىڭ ئىچىدە سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ توكى 1 مىليون 410 مىڭ كىلوۋات سائەت، ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ توكى 2مىليون 730 مىڭ كىلوۋات سائەت)، 116 توننا ئارىلاشما يەم - خەشەك، 186 توننا ئۇن، 9 مىليون 210 مىڭ دانە خىش، 1239.6 توننا پاختا ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە تۈزاقلىق مۇلۇككە 7 مىليون 920 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بىر يىلدا توشۇلغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 40 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 8 مىليون 200مىڭ توننا - كىلومېتىرغا يەتتى (ئاپتونوم رايون تەۋەسىدە). پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 333 مىڭ 300 يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە، ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى پروگراممىلىق تېلېفون 1969 توچكىغا، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 4 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە، بازار سودىسىدا يۈتۈشۈلگەن سومما 10 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە، مايامەتچىلىكتىن قىلىنغان كىرىم 100 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 230. ناھىيىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 24 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 23)، ئوقۇغۇچىسى 5075؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 7 (مىللىي تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 6)، ئوقۇغۇچىسى 2363، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2 (كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر)، ئوقۇغۇچىسى 383. چەت جايلاردا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتۇش نۇقتىسىدىن 11ى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتۇش نۇقتىسىدىن 3ى تەسىس قىلىندى. ناھىيىدىكى ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 682، بۇنىڭ ئىچىدە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 420، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 262. مائارىپ خىزمىتى ئۈچۈن 5 مىليون 559 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت سالغىنى 2 مىليون 318 مىڭ يۈەن، ئاپتونوم رايون سالغىنى 1 مىليون 946 مىڭ يۈەن، ۋىلايەت سالغىنى 67 مىڭ يۈەن، ناھىيە، يېزىلار سالغىنى 1 مىليون 228 مىڭ يۈەن. ناھىيە بويىچە رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 95%كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 90%كە يەتتى. ناھىيە بازىرىدا بىرمەدەنىيەت يۇرتى (يېزىلاردا مەدەنىيەت پونكىتى بار)، بىر كىنو - تىياتىرخانا، بىر سەنئەت ئۆمىكى، بىر ئۆستى ئوچۇق توپ مەيدانى، 2 سىن قويۇش ئورنى بار. ناھىيە بويىچە 9 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى (بۇنىڭ ئىچىدە يېزا شىپاخانىسى 5، ناھىيىلىك دوختۇرخانا بىر، ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسى بىر، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى بىر، پىلانلىق تۇغۇت يېتەكچىلىك پونكىتى بىر)، 299 سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 254)، 145 كارىۋات بار. 1999 - يىلى ناھىيە يېزىلىرىدا 21 قېتىم ھەرخىل مەدەنىيەت - تەنتەربىيە پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 1100 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى. ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى 4696 ئوقۇغۇچى «دۆلەتلىك تەنتەربىيە چېنىقىش ئۆلچىمى»گە يەتتى.

## خەلق تۇرمۇشى

1999 - يىلى ناھىيە بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 965.68 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە 3648 ئىشچى - خىزمەتچى (كارخانا ئىشچى - خىزمەتچىلىرى بۇنىڭ سىرتىدا) بار بولۇپ، ئۇلارغا 2 مىليون 415 مىڭ 121 يۈەن مائاش تارقىتىلدى. بىر يىلدا سۇغۇرتا كەسپىنىڭ سۇغۇرتىلاش سوممىسى 1 مىليون 111 مىڭ يۈەنگە، مال - مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 1 مىليون 214 مىڭ يۈەنگە، جىسمانىي سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 97 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە 4 مىليون 730 مىڭ يۈەن، جىسمانىي سۇغۇرتا بويىچە 10 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى. يىل ئاخىرىغىچە، 301 كىشى ياشانغانلار كۇتۇنۇش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى، 462 مىڭ يۈەن ياشانغانلار كۇتۇنۇش پۇلى تارقىتىلدى. 1999 - يىلى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى تەڭشەلگەنلىكتىن، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى نىسپىي ھالدا تۆۋەنلىدى، ئىقتىسادىي كىرىم ئازايدى، نەتىجىدە شۇ يىلى قايتىدىن نامراتلىشىپ كېتىش ئەھۋالى كۆرۈلدى. بىر يىلدا مۇھتاجنىڭ بۇلغىنىشىنى چەكلىك مۇددەتتە تۈزەش تۈرىگە 350 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 2.34 كۋادرات كىلومېتىر كۆلەمدە ئىس - تۈتەك تىزگىنلەنگەن رايون بەرپا قىلىندى، باغۋارانلاشتۇرۇلۇش نىسبىتى 17.87%كە يەتتى.

☆ نىيە ناھىيىسىدىكى نىيە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى يۇرتى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى رەسمىي ئېچىلدى، ئۇنىڭغا نىيە خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان 300 دىن ئارتۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقى قويۇلغان.

يەن شۈەن

# شەرەپ تاختىسى

## ئىلغار شەخسلەر

**خۇ شىڭخۇي** كومپارتىيە ئەزاسى، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىدىكى، ج ك پ غۇلجا شەھەرلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، قوشۇمچە غۇلجا شەھەرلىك چېگرا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونى خىزمەت كومىتېتىنىڭ شۇجىسى.

ئۇ ئىلگىرى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ



مۇئاۋىن ھاكىمى، غۇلجا شەھىرىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى، شەھەرلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېت ئەزاسى، مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان مەزگىللەردە ئاساسلىقى ئىقتىساد، مائارىپ خىزمىتى ۋە غۇلجا شەھىرىدىكى چوڭ تۈرلەرنىڭ قۇرۇلۇشىغا مەسئۇل بولغان. خىزمەت داۋامىدا يۇقىرى ئۆلچەم، قاتتىق تەلەپتە ۋە دىيانەتلىك بولۇش، ئەمەلىي ئىش قىلىش، ئۈنۈم قوغلىشىش ئىستىلىدا باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇردى، كۆپ قېتىم دەرسخانىلارغا كىرىپ، مەكتەپنىڭ تەلىم - تەربىيە ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، ساپا مائارىپىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى، غۇلجا شەھىرىنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتىنى تەدرىجىي ياخشىلىدى.

ئىقتىسادىي خىزمەتتە، ئۇ كارخانىلارنىڭ تۈزۈلمە ئۆزگەرتىش ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، بازار قۇرۇلۇشى ۋە ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. ئۇ 54 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىغان، مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش قۇرۇلۇشى (ھازىر ئەمەلىي سېلىنغان مەبلەغ 40 مىليون يۈەن) نى تەشكىللەپ يولغا قويدى، ھازىر مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش قۇرۇلۇشىنىڭ 1 -، 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشلىرى ئاساسەن پۈتتى. 1995 - يىلى ش ئۇ ئا ر ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى كومىتېتى خۇ شىڭخۇيغا «ئاپتونوم رايون بويىچە پاكىز شەھەرنىڭ شەھەر باشلىقى مۇكاپاتى» نى بەردى. ئۇ سىياسىي كېڭەش ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق كومىتېتى تەرىپىدىن 1998 - يىل 3 - ئايدا تەكلىپ بېرىشتىكى ئىلغار خىزمەتچى قىلىپ باھالاندى.

**ۋاڭ دېرىن** خۇيزۇ، كومپارتىيە ئەزاسى، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىدىكى، غۇلجا شەھەرلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى.

1987 - يىلى غۇلجا شەھەرلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئىشخا-



نىسىنىڭ مۇدىرى، قوشۇمچە غۇلجا شەھەرلىك شەھەر باشقۇرۇش چوڭ ئەترىتىنىڭ باشلىقى، غۇلجا شەھەرلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بولغان. 1994 - يىلى غۇلجا شەھەرلىك پارتكومنىڭ ئەزاسى، شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ئەزاسى بولغان. ئۇ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى بولغان 10 نەچچە يىلدىن بۇيان مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ تۈرلۈك پائالىيەتلىرىنى شەخسەن ئۆزى تەشكىللىدى ۋە ئۇنىڭغا ئاكتىپ قاتناشتى، دائىم نەق مەيداندا ئىش بېجىرىپ، ئەمەلىي قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلدى. خەلق ئاممىسىنى كەڭ دائىرىدە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىشقا جەلپ قىلدى، «ئۈچ چوڭ ئىجادىي قۇرۇلۇش» پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇردى. ئۇ ئۇدا 3 قېتىم ئاپتونوم رايون بويىچە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى ئۈلگىلىك خىزمەتچى بولۇپ باھالاندى. شەھەرلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئىشخانىسى «ئىككىنى ھىمايەقىلىش» خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى ھەم شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن 1992 - يىللىق، 1996 - يىللىق، 1998 - يىللىق ئىلغار ئورۇن ۋە «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» نى تالىشىش مۇسابىقىسىدىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ تەقدىرلەندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ۋاڭ دېرىن مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخس قاتارلىق شەرەپلىك ناملارغا ئېرىشتى.

**ۋەتەن ئەزىزى** كومپارتىيە ئەزاسى، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە، غۇلجا شەھەرلىك شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى.



ئۇ ئىلگىرى غۇلجا شەھەرلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، يېڭىيەر يېزىسىنىڭ باشلىقى، شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان. 1998 - يىلى 41 ياشلىق ۋەتەن ئەزىزى شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك ئىدارىسىدىن شەھەرلىك شەھەر قۇرۇلۇشى ئىدارىسىگە يۆتكەپ كېلىنىپ ئىدارە باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. 2 يىل ئىچىدە ئۇ شەھەر قۇرۇلۇشى ۋە باشقۇرۇش جەھەتتە كەسىپ ئەھلىگە ئايلاندى. شەھەر قىياپىتى، شەھەر ئىقتىدارىنىڭ يېڭى تەرەققىياتىغا ئۇنىڭ جاپالىق ئەمگىكى سىڭدى. كەسپىي خىزمەتلەر ناھايىتى ئالدىراش ئەھۋالدىمۇ، مۇقىملىقنى ئەلا بىلىپ، دائىم ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تەدبىرلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلدى، نۇقتىلىق ئورۇن، مۇھىم تارماقلارنىڭ بىخەتەرلىك تەدبىرلىرىنى تەكشۈردى. ئۇنىڭ يېتەكلىشى بىلەن غۇلجا شەھىرىنىڭ قۇرۇلۇش سىستېمىسىدىكى ھەر مىللەت كادىر ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئىتتىپاق ئۆتتى. خىزمەتلەر تېخىمۇ ئوڭۇشلۇق قانات يايدى. غۇلجا شەھەرلىك شەھەر قۇرۇلۇشى ئىدارىسى ئۇدا ۋىلايەت، شەھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى، ئۇمۇ ۋىلايەت، شەھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى. كادىرلار مىنىستىرلىكى بىلەن قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى ئۇنىڭغا يەنە «مەملىكەت بويىچە قۇرۇلۇش سىستېمىسىدىكى ئىلغار خىزمەتچى» دەپ نام بەردى. ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەرلەر ئارا «تەڭرىتاغ لوڭقىسى»نى تالىشىش مۇسابىقىسى پائالىيىتىدە، ئۇ «مۇنەۋۋەر قۇرۇلۇش ئىدارە باشلىقى» دېگەن نامغا ئېرىشتى. 1999 - يىلى ئىلى ۋىلايەتلىك پارتكوم، ئىلى مەمۇرىي مەھكىمە تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى، ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.

**ما شىنپىڭ** خۇيزۇ، كومپارتىيە ئەزاسى، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە، غۇلجا شەھىرى دۆڭمەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ پارتكوم شۇجىسى.



ئۇ 1996 - يىل 4 - ئايدا دۆڭمەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ پارتكوم شۇجىسى بولغاندىن تارتىپ ئىنتىزام جەھەتتە ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويدى، ئىشتا دېموكراتىك بولدى، تىرىشىپ ئەمەلىي ئىشلىدى، ئۆز نەپسىدىن كېچىپ ئومۇمنى كۆزدە تۇتتى، ئىشتا ئادىل ۋە پاك بولدى، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەشكە جۈرئەت قىلدى. ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ھەر قايسى ئاھالىلەر كومىتېتى ۋە ياچېيكىلارنىڭ خىزمىتىگە باشتىن - ئاخىر كۆڭۈل بۆلدى، دائىم ئاساسىي قاتلامغا چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. مۇقىملىق خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇش ئۈچۈن، ئۇ دائىم ئىشخانىدا يېتىپ - قوپۇپ، كۈندۈزى ئىشلەپ، كېچىلىرى دېجۇرنىلىق قىلدى ۋە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بەردى. قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە ئاكتىپلىق بىلەن باشلامچى بولۇپ ھەم كادىرلارنى سەپەرۋەر قىلىپ پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلدى، ھېيت - بايراملاردا نامرات، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەردىن ھال سوراپ، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بەردى. ئىقتىسادىي خىزمەتتە كۈتۈپ تۇرماي، تاينىۋالماي، ئامال قىلىپ مەھەللە ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇردى، كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن قولايلىق شارائىت يارىتىپ بەردى، ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ مەھەللە مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇرۇشىغا ئىلھام ۋە مەدەت بەردى.

ئۇنىڭ يېتەكلىشى بىلەن بۇ ئىش باشقارمىسى پارتىيە قۇرۇلۇشى، ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش، تازىلىق، مەنىۋى مەدەنىيلىك قاتارلىق جەھەتلەردە كۆپ قېتىم ئىلغار بولۇپ باھالىنىپ، شەھەرلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەقدىرلىشى ۋە مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشتى. 1998 - يىلى ۋە 1999 - يىلى ئۇ 2 قېتىم ۋىلايەت دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر پارتىيە ئىشلىرى خىزمەتچىسى بولۇپ باھالاندى، 1998 - يىلى ئۇنىڭغا ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر پارتكوم شۇجىسى، دېگەن نام بېرىلدى.

**گو جۈڭ** كومپارتىيە ئەزاسى، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە، دۆربىلجىن ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، قوشۇمچە پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى.



ئۇ ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت ئورۇنلىرىدا 20 نەچچە يىل ئىشلەپ، 1995 ـ يىلى مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. ئۇ ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدە مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ تەرتىپسىز ھەم بازار تەرەققىياتىنىڭ ئاستا بولۇۋاتقانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، تەربىيىلەش، يېتەكلەش، گۈللەندۈرۈش، باشقۇرۇش فاڭجېنىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئىچكى قىسمىدىكى رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمىنى تۇرغۇزۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خىزمەت مۇناسىۋەتلىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى تېزلىكتە قېلىپلىشىش ئىزىغا سالدى. ئاممىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىن ئارقىدا قالغانلىق مەسىلىسىنى كۆزدە تۇتۇپ ھەر يىلى بىر ئاساسىي تېما بولۇش، يىلدا يۇقىرىغا ئۆرلەشتىن ئىبارەت خىزمەت تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1996 ـ يىلى «دەۋر روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئوت ئۆچۈرگەن قەھرىمان ئوغلانلارنى مەدھىيىلەيلى» دېگەن تېمىنى، 1997 ـ يىلى «شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى قارشى ئېلىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى كۈيلەيلى» دېگەن تېمىنى، 1998 ـ يىلى «ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك ۋە ئادىل بولۇپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلايلى» دېگەن تېمىنى 1999 ـ يىلى «ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى قارشى ئېلىپ، يېڭى ئەسىرگە غەلىبە بىلەن قەدەم تاشلايلى» دېگەن تېمىنى ئاساس قىلىپ، 78 قېتىم چوڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇردى. ئۇنىڭ ئۇنۇملۇك ۋە ئەتىجىلىك خىزمىتى دۆربىلجىن ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنى تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى مەدەنىيەت سېپى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپقا، مەدەنىيەت بازارلىرىنى تەكشۈرۈش چوڭ ئەترىتىنى مەملىكەت بويىچە مەدەنىيەت سېپىدىكى ئىلغار كوللېكتىپقا ئايلاندۇردى. ئۇ ئۆزىمۇ كۆپ قېتىم ئىلغار خىزمەتچى ۋە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھالاندى. شىنجاڭغا ۋەكىل بولۇپ 2000 ـ يىل 2 ـ ئايدا بېيجىڭدا چاقىرىلغان مەملىكەتلىك مەدەنىيەت سېپىدىكى «ئۈچتە ئىلغار»لارنى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشتى.

**نىبي خۇيپەڭ** ئايال، كومپارتىيە ئەزاسى، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە، چىڭگىل ناھىيىلىك رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، مۇھەررىر، 2 ـ دەرىجىلىك دىكتور.



ئۇ تەھرىرلىك ۋە دىكتورلۇق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان 20 يىلدا 10 مىڭ پارچىگە يېقىن ماقالىنى تەھرىرلىدى ۋە ئوقۇدى. 1984 ـ يىلدىن 1996 ـ يىلغىچە ئاپتونوم رايون، ئىلى ئوبلاستى، ئالتاي ۋىلايىتى بويىچە ئېلىپ بېرىلغان رادىئو، ئاخبارات پروگراممىلىرىنى باھالاشتا ئۇ 15 قېتىم تۈرلۈك مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1994 ـ يىللىق ۋىلايەت بويىچە تۇنجى ئېلىپ بېرىلغان دىكتورلارنى باھالاشتا 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. شۇ يىلى ئۇ تەھرىرلىگەن جەمئىيەت تەربىيىسى پروگراممىسى ۋىلايەت بويىچە 1 ـ دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر رادىئو پروگراممىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ 1996 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئېلىپ بېرىلغان «بۇلبۇل لوڭقىسى»نى ئالقىشلاش رادىئو، تېلېۋىزىيە دىكتورلۇق ئەسەرلىرىنى باھالاشتا 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ۋىلايەتتە ئاۋاز بەرگەن مەخسۇس فىلىملەر كۆپ قېتىم ئاپتونوم رايون بويىچە مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ 1998 ـ يىلى ئۇ ئۆزى تەھرىرلەپ، ئاۋاز بېرىپ ئىشلىگەن «قەلبىمدىكى دۇنيا لوڭقىسى» دېگەن ئەسەر ئىجادىي رادىئو، تېلېۋىزىيە ئاخباراتى بويىچە 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ يازغان «كومپارتىيە ئەزاسىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى» دېگەن ماقالە «زامانىمىزدىكى مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ سالاپىتى» دېگەن كىتابقا بېسىلدى؛ 1999 ـ يىلى ئۇ باش بولۇپ ئىجاد قىلغان «تۇرمۇش ۋە ئۆچۈر» پروگراممىسى ۋىلايەت بويىچە باھالاشتا 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۇ 1996 ـ يىلى ناھىيە بويىچە «8 ـ مارت» قىزىل بايراقدارى بولۇپ باھالاندى، 1997 ـ يىلى ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى تەرىپىدىن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى ھەم ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئارقىلىق تەقدىرلەندى. 1996 ـ يىلدىن 1998 ـ يىلغىچە ئۇدا ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالاندى، چىڭگىل بازارلىق 5 ـ، 6 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ سايلاندى. 1999 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە دىكتورلارنىڭ خەنزۇتىلى ئورتاق تەلەپپۇز سەۋىيىسىنى

سىناشتا 1 - دەرىجىلىك «ئا» دېگەن نەتىجىگە ئېرىشتى، ئالتاي ۋىلايىتى بويىچە پەقەت شۇلا بۇ ئالاھىدە شەرەپكە ئېرىشتى.

**گۇ رۇڭشياڭ** 48 ياش، 1971 - يىلى خېبېيدە ئەسكەر بولغان، 1978 - يىلى ھەربىيلىكتىن قايتقاندىن كېيىن چېگرا رايونغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن چىڭگىل ناھىيىسىگە كەلگەن. 1980 - يىلى باج خىزمىتىگە قاتناشقان، ھازىر چىڭگىل ناھىيە تايكېشكېن



بازارلىق باج ئورنىنىڭ باشلىقى.

تايكېشكېن بازارلىق باجخانا تۇرۇشلۇق تايكېشكېن ئېغىزى دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك چېگرا ئېغىزى بولغاچقا، ئامۇزنا ھەر قېتىم ئېچىلغاندا، سودىگەرلەر تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ سودا كۆپ ۋە تارقاق بولىدۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆزدە تۇتقان گۇ رۇڭشياڭ باج ئېلىش، باشقۇرۇش خەرىتىسىنى كۆڭۈل قويۇپ لايىھىلەپ، چېگرا ئېغىزىدىكى باج يىغىش خىزمىتىنى ئىلمىي باشقۇردى. ئۇ خىزمەت بىلەن ئالدىراش بولغاچقا، 1994 - يىلى ئاپىسىنىڭ كېسەللىكى خەتەرلىك ھالغا چۈشۈپ قالغاندىمۇ ئۇنى يوقلاپ بارالمىدى، تېخى ئاجىز ئايالى بىلەن يېشى كىچىك بالىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغانغا تېخىمۇ چولىسى تەگمىدى، ئۇ بارلىق زېھنىنى باج خىزمىتىگە سەرپ قىلدى. 1994 - يىل 6 - ئايدا بىر تۈركۈم يۇڭ - تىۋىتكە باج تاپشۇرۇلمىغانلىقى مەلۇم بولغاندىن كېيىن، گۇ رۇڭشياڭ باجخانىدىكى بىر نەچچە كادىر ۋە قوراللىق ساقچىنى باشلاپ بىر يولدا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ، بۇ يۇڭ - تىۋىتلار بېسىلغان 10 نەچچە ئاپتوموبىلنى تۇتۇۋېلىپ، دۆلەتنىڭ 80 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق باج سوممىسىنى قايتۇرۇۋالدى. ئۇ قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، تۇغقانلىرى، دوستلىرى، يۇرتلۇقلىرىنىڭ بىر پۇڭ بېجىنىمۇ كەچۈرۈم قىلىپ باقمىدى.

باجخانىدىكى 4 كادىر 4 مىللەتتىن ئىدى، گۇ رۇڭشياڭ ھەر قايسىنىڭ خىزمەت ۋە تۇرمۇشىغا ئەتراپلىق كۆڭۈل بۆلدى. باجخانىدا ئۇ ھەم رەھبەر، ھەم ئاكا بولدى، كۆپچىلىك ئۇنى قىزغىنلىق بىلەن «گۇئاكا» دېيىشىدۇ. باجخانا ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىدارە بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ، ۋىلايەت دەرىجىلىك مەدەنىي باجخانا، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ياشلار گۇرۇپپىسى دېگەن شەرەپلەرگە ئېرىشتى. 1992 - يىلى ۋە 1994 - يىلدىن 1999 - يىلغىچە ئۇ ئۇدا ئىدارە بويىچە ئىلغار خىزمەتچى، مۇنەۋۋەر مەمۇر بولۇپ باھالاندى، 1996 - يىلدىن 1998 - يىلغىچە ئۇدا ناھىيە دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى، 1998 - يىلى ناھىيە دەرىجىلىك پاكلىق قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار شەخس بولۇپ، 1999 - يىلى دۆلەت باش باج ئىدارىسى، ش ئۇ ئا ر دۆلەت بېجى ئىدارىسى تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر باج خىزمەتچىسى بولۇپ باھالاندى.

**يەن يۈگو** خويزۇ، ئەسلى يۇرتى چىڭخەي، كومپارتىيە ئەزاسى، ئالىي تېخنىكوم ئوقۇش تارىخىغا ئىگە. چىڭگىل ناھىيىلىك ئامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش ئىشخانىسىنىڭ ئاگرونومى.

1989 - يىلى ئىلى يېزا ئىگىلىك مەكتىپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئىزچىل ھالدا يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى.



1990 — 1992 - يىلغىچە ئۇ رىياسەتچىلىك قىلغان «چىڭگىل ناھىيىسىدە پارنىكتا كۆكتات يېتىشتۈرۈشنى سىناق قىلىپ كېڭەيتىش» تۈرى ۋىلايەتنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 1992 - يىلى ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغاندىن كېيىن، يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش خىزمىتىگە تېخىمۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كىرىشىپ كەتتى. 1994 - يىلى ئۇ رىياسەتچىلىك قىلغان «كالتسىي دى گىدرو فوسفات ئوغۇتىنى پۈركۈپ ياخشى ئۈنۈم ئېلىش» تەتقىقات تۈرى ۋىلايەتتە ئۇتۇقلۇق كېڭەيتىلگەن تۈرلەر بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 1995 - يىلى ئۇ رىياسەتچىلىك قىلغان «چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ 1995 - يىلىدىكى كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىش»، «چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ بۇغدايلىقىدىكى ياۋا ئوت - چۆپلەرنىڭ تۈر تۈپىنى ئۆزگەرتىش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش» تۈرلىرى ۋىلايەتتە ئۇتۇقلۇق كېڭەيتىلگەن تۈرلەر بويىچە 2 -، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى. 1996 - يىلى ئۇ رىياسەتچىلىك قىلغان «چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ بۇغدايلىقلاردىكى باشاقلىق ياۋا ئوت - چۆپلەرنى ئات بىلەن يوقىتىش تەجرىبىسى» ۋىلايەتتە ئۇتۇقلۇق كېڭەيتىلگەن تۈرلەر بويىچە 2 -

دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، «چىڭگىل ناھىيىسىدە سورتلۇق بۇغداينى كېڭەيتىش» تۈرى ۋىلايەتنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 1992 - يىلدىن بۇيان، چىڭگىلدا ھىلىق موگۇسىنى سۈنئىي يېتىشتۈرۈشنى نەچچە يۈز قېتىم تەجرىبە قىلىپ، خۇشاللىنارلىق مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. ھازىر چىڭگىلنىڭ ھىلىق موگۇسى كەسپلىشىپ كۆلەم بويىچە ئىشلەپچىقىرىلماقتا. شۇڭا چىڭگىل ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ناھىيىلىك 3 دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىدا ئۇنى داغدۇغىلىق تەقدىرلىدى ھەم ئۇنىڭغا «ئالاھىدە تۆھپە مۇكاپاتى» بېرىپ، 60 مىڭ يۈەن پۇل بىلەن مۇكاپاتلىدى.

**شۇ فۇچىڭ** كومپارتىيە ئەزاسى، مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى.



1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا 42 ياشلىق شۇ فۇچىڭ سانجى شەھىرىدىن مورى ناھىيىسىگە يۆتكەپ كېلىنىپ، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلەندى. مورى ناھىيىسى دۆلەت دەرىجىلىك نامرات ناھىيە، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى مورىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا نۇرغۇن ياردەملەرنى بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن مورى نامراتلىقتىن قۇتۇلالمىغانىدى. شۇ فۇچىڭ ناھىيىلىك پارتكومدىكى باشقا رەھبەرلەر بىلەن بىللە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش بويىچە 10 نۇقتىلىق قۇرۇلۇشنى پىلانلاپ چىقتى. 1999 - يىل 10 - ئايغا كەلگەندە، 10 قۇرۇلۇش ئىچىدىكى 4 سۇ - ئېلېكتر قۇرۇلۇشى كەينى - كەينىدىن ئۇنۇم بېرىپ، مورى ناھىيىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتتى. ناھىيە بويىچە بارلىق نامرات ئاھالە كىيىم يۇتۇن، قورساق توق بولۇش ئۆتكىلىدىن ئۆتۈپ كەتتى؛ چارۋىچىلارنى ئولتۇراقلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى چارۋىچىلىق رايونلىرىنى تۇنجى قېتىم ئۆزىنى ئۆزى ئاشلىق ۋە يەم - خەشەك بىلەن تەمىنلەپ ئېشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى؛ ناھىيە بويىچە يېزىلارغا تۇتاشتۇرۇلىدىغان يوللارغا ئاسفالت ياتقۇزۇلدى.

شۇ فۇچىڭ مورى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى بولغان 3 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتا، ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئىش قىلىدىغان خىزمەت ئىستىلى ۋە ھەقىقىي جاپالىق ئىشلەش روھى ئارقىلىق ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ «نامرات ناھىيىگە كەلگەن ياخشى شۇجى»، «شۇ شۇجى نامراتلارنىڭ سىردىشى» دېگەندەك ماختاشلىرىغا ئىگە بولدى. 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە پۈتۈن ناھىيىدىكى نامرات ئاھالىنىڭ كىيىم يۇتۇن، قورساق توق بولۇش مەسىلىسى پىلاندىن بىر يىل بۇرۇن ئاساسەن ھەل بولدى، ناھىيە بويىچە دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئىگە بولغان ئوتتۇرىچە ئاشلىقى 1.62 توننىغا يەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ قىلچە بوشاشماي، پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت، مائارىپتىن پايدىلىنىپ مورىلىقلارنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، مورىنى پۈتۈن ئوبلاست، پۈتۈن شىنجاڭ خەلقى بىلەن تەڭ قەدەمدە ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈشنى پىلانلىماقتا.

ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن 1999 - يىل 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى موريدا خىزمەتلەرنى تەكشۈرگەندە، مورى ناھىيىسىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى ۋە ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا بەردى. ئۇ: مورىنىڭ تەجرىبىلىرىنى شىنجاڭ بويىچە كېڭەيتىشكە ئەرزىيدۇ، مورىنىڭ ئۇتۇق قازىنىشى ياخشى بىر رەھبىرىنىڭ بولغانلىقىدا، دەپ ئېنىق كۆرسەتتى. ۋاڭ لېچۈەن شۇجى خۇشاللىق بىلەن «ئىش ئادەمگە باغلىق» دەپ بېغىشلىما يېزىپ بەردى.

دۆلەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى ھارپىسىدا ئۇ جۇڭگو نامراتلارنى يۆلەش فوندى جەمئىيىتى، «شىنخۇا» ئاگېنتلىقى «يېزىم ئائىلىق سۆھبەت» ژۇرنال تەھرىراتىنىڭ بىر پارچە تەبرىك خېتىنى تاپشۇرۇۋالدى، خەتتە ئۇنىڭ 9 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن 6 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك 10 چوڭ «نامراتلارنى يۆلەش سەردارى»نى باھالاشتا 1999 - يىللىق مەملىكەت بويىچە نامراتلارنى يۆلەش تۆھپىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلىكى تەبرىكلەنگەن. مانا بۇ شۇ فۇچىڭنىڭ مورىدىكى 80 مىڭدىن ئارتۇق ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى يېتەكلەپ جاپالىق، ئەمەلىي ئىش قىلىپ ئېرىشكەن ئەڭ زور شان - شەرىپى.

## رەخمىتۇل سەيدۇل

45 ياش، كومپارتىيە ئەزاسى، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە، پىچان ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى سوت ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى، جىنايى ئىشلار



كوللېكتىپنىڭ باشلىقى، بۆلۈم باشلىقى دەرىجىلىك سوتچى، پاچېيكىنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش ھەيئىتى.

ئۇ 1984 - يىلى پىچان ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىگە يۆتكىلىپ كەلگەن. سوت قىلىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان 16 يىلدىن بۇيان جىنايى ئىشلار، ھەق - تەلەپ، ئىقتىساد، مەمۇرىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى 1000 دىن ئارتۇق دېلونى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى. دېلو بېجىرىش داۋامىدا پاكىتقا، دەلىل - ئىسپاتقا ئەھمىيەت بەردى، ئىرچىل تۇردى، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلدى. كېسىم قىلىشتا ئادىل بولدى، شەخسىي يۈز خاتىرە قىلمىدى. دېلو بېجىرىشتە ئەزەلدىن مۇناسىۋەتنىڭ، ئادەمگەرچىلىكنىڭ، پۇلنىڭ كەينىگە كىرمىدى. دەۋالاشقۇچىلار سوۋغات قىلغان 3000 يۈەندىن ئارتۇق پۇل ۋە بىر قىسىم بۇيۇملارنى رەت قىلدى. ئۇ بېجىرگەن دېلولارنىڭ سۈپىتى يۇقىرى، ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ياخشى بولدى، قايتىدىن سوت قىلىشتا قايتۇرۇش، ھۆكۈمنى ئۆزگەرتىش ياكى ھۆكۈم ئادىل بولماسلىق ئەھۋاللىرى زادىلا سادىر بولمىدى. ئۇ ھەر يىلى بېجىرگەن دېلو 100 دىن ئېشىپ، كۆپ قېتىم دېلو بېجىرىش ماھىرى بولۇپ باھالاندى. ئۇ دېلو بېجىرىش گۇرۇپپىسىدىكىلەرنى باشلاپ دائىم دېلو يۈز بەرگەن جايغا بېرىپ، تەكشۈرۈپ ھۆكۈم چىقىرىپ، دېلو ئارقىلىق قانۇننى سۆزلەپ، قانۇن - تۈزۈملەرنى تەشۋىق قىلىپ، قىزغىن مۇلازىمەت قىلىپ، دەۋالاشقۇچىلارنىڭ ئەندىشىسىنى تۈگەتتى، قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى. 1999 - يىلى ئۇ 3 قېتىم جىنايى ئىشلار بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش سوتى ئۆتكۈزۈپ ۋە ئۇنى مۇزاكىرە قىلىشنى ئۇيۇشتۇرۇپ، دېلو بېجىرىشنىڭ ئاشكارىلىق دەرىجىسىنى ئاشۇردى، دەۋالاشقۇچىلار ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى ساھەلەرنىڭ نازارىتىنى كەڭ كۆلەمدە قوبۇل قىلىپ، ئاشكارا سوت ئېچىش ۋە سوت مەيدانىدا ھۆكۈم ئېلان قىلىش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈپ، جىنايى ئىشلار بويىچە سوتلاش ئۇسۇلى ئىسلاھاتىنى پائال ئىلگىرى سۈردى. ئۇ خىزمەتتە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقاچقا، پىچان ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن كۆپ قېتىم ئىلغار خىزمەتچى، مۇنەۋۋەر كادىر بولۇپ باھالاندى. 1998 - يىلى پىچان ناھىيىلىك جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەشتىكى ئىلغار شەخس، سىياسىي - قانۇن سېپىدىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك خەلقنى رازى قىلغان ياخشى سوتچى بولۇپ باھالاندى ھەمدە بىر قېتىم 2 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، دەپ ئەنگە ئېلىندى؛ تۇرپان ۋىلايىتى تەرىپىدىن خەلقنى رازى قىلغان ياخشى سوتچى، پىچان ناھىيىسى بويىچە پارتىيە ئىستىل - پاكلىق قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى.

**شى خەنچىڭ** 37 ياش، كومپارتىيە ئەزاسى، ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، پىچان ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى مەمۇرىيەت ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ تەشكىلىي ھەيئىتى.



شى خەنچىڭ 1994 - يىل 4 - ئايدا سوت مەھكىمىسىگە يۆتكىلىپ كەلدى، ئۇ ھەق - تەلەپ دەۋا ئىشلىرىنى سوت قىلىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان مەزگىلدە، يىلىغا 100 دىن ئارتۇق دېلو بېجىردى، كۆپ قېتىم دەۋالاشقۇچىلار ۋە ھەر مىللەت ئاممىسى ئەۋەتكەن لەۋھە ۋە رەھمەت خەتلىرىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ ئىدىيىۋى سىياسىي ساپاسى ۋە كەسپىي ساپاسى بىر قەدەر يۇقىرى. ئۇ 1996 - يىل 1 - ئايدا ئىشخانا كاتىپى بولغاندىن بۇيان باش چۆكۈرۈپ جاپالىق ئىشلىدى، 41 مىڭ 970 نەچچە پارچە ھەرخىل ماتېرىياللارنى يېزىپ يۇقىرىغا يوللىدى، 386 قېتىم تۈرلۈك يىغىن تەشكىللىدى، 280 قېتىملىق ھەر دەرىجىلىك، ھەر تۈرلۈك تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى، 200 قېتىمغا يېقىن تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇردى، 167 پارچە تۈرلۈك قارا تاختا گېزىتى، مەخسۇس سەھىپە، ئۆگىنىش باغچىسى ئىشلىدى، 100 نەچچە يۈرۈش تۈرلۈك ئارخىپلارنى رەتلىدى، 60 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق تۈرلۈك ماتېرىياللارنى يىغدى ۋە توپلىدى. ئۆز خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە خىزمەتتىن سىرتقى ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ خەۋەر، ماقالە يېزىش بىلەن شۇغۇللاندى. 1995 - يىلدىن بۇيان 10 نەچچە گېزىت - ژۇرنالدا 360 نەچچە پارچە ماقالە ئېلان قىلدى، شۇ جايدىكى ئۇچۇر ژۇرنىلى، رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىدا 480 نەچچە پارچە ماقالىسى ئېلان قىلىندى، ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك تۈرلۈك ماقالە قوبۇل قىلىش پائالىيەتلىرىدە ئۇ 10 نەچچە قېتىم 1 -، 2 -، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، نەچچە پارچە ماقالىسى مەملىكەتلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلىشقا كۆرسىتىلدى. 1995 - يىلدىن 1999 - يىلغىچە پىچان ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن ئۇدا ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالاندى، 1996 -، 1997 - يىللىرى پىچان ناھىيىسى بويىچە مۇنەۋۋەر ئىختىيارىي مۇخبىر، ئۇچۇر

تەتقىقات خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس، «تۇرپان گېزىتى» نىڭ مۇنەۋۋەر ئىختىيارىي مۇخبىرى بولۇپ باھالاندى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۇدا 2 يىل تۇرپان ۋىلايىتى بويىچە 10 نادىر ئاخبارات خەۋىرى بولۇپ باھالاندى. 1998 -، 1999 - يىللىرى ئۇدا مۇنەۋۋەر كادىر، پىچان ناھىيىسىنىڭ سىياسىي - قانۇن سېپىدىكى ئىلغار شەخس، ئاساسىي قاتلام تەشكىلىي قۇرۇلۇشىدىكى مۇنەۋۋەر خىزمەتچى، مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى، «شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتى» نىڭ مۇنەۋۋەر ئىختىيارىي مۇخبىرى بولۇپ باھالاندى، ئۇدا 2 يىل ئاپتونوم رايوننىڭ سوت مەھكىمىسى سىستېمىسى بويىچە ئاخبارات، تەشۋىقات ئىشلىرىدىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالىنىپ، ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئومۇمىي بۇيرۇق چىقىرىپ مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشتى. «جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر شەخسلەر قامۇسى»، «شىنجاڭ قانۇنچىلىقى» گېزىتى، «تۇرپان گېزىتى»، پىچان تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئۇنىڭ ئىلغار ئىش - ئىزلىرىنى كۆپ قېتىم باستى ۋە تەشۋىق قىلدى، 20 نەچچە قېتىم ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيە ۋە پىچان ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى.

**ئابلىز ئۆمەر** 36 ياش، كومپارتىيە ئەزاسى، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە، پىچان ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى لۈكچۈن بازارلىق سوت-



خانىسىنىڭ باشلىقى.

ئۇ، سوت قىلىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان 10 نەچچە يىلدىن بۇيان باشتىن - ئاخىر پاكىتنى ئاساس، قانۇننى ئۆلچەم قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىپ، دېلولارنى مەدەنىي بېجىرىپ، زور مىقداردىكى ھەق - تەلەپ ئىشلىرى، ئىقتىساد، مەمۇرىيەتكە دائىر دېلولارنى قانۇن بويىچە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى. 1998 - يىلى ئىقتىسادىي كوللېگىيىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان مەزگىللەردە كۈندۈزلىرى تەكشۈرۈپ ئىسپات ئېلىش، سوت ئېچىپ تىرگاۋ قىلىش بىلەن ئالدىراش ئۆتسە، كېچىلىرى ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلەپ، قانۇن ھۆججەتلىرىنى يېزىپ، ئەتىسى ئېچىلىدىغان سوتنىڭ تەييارلىقىنى قىلدى. جاپالىق تىرىشىش ئارقىلىق نەچچە 100 مىڭ يۈەنلىك ئىقتىسادىي دېلودىن يىرقانچىنى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇردى. ئۇ يەنە دائىم ئىقتىسادىي سوتچىلارنى باشلاپ ناھىيىگە قاراشلىق ھەر قايسى زاۋۇت، كان، كارخانىلارغا بېرىپ، كارخانىلارنى تۈزۈلۈك قانۇنىي مۇلازىمەت بىلەن پائال تەمىنلەپ، كارخانىلارنىڭ يوشۇرۇن كۈچلىرىنى قېزىشى، تېخنىكا ئۆزگەرتىشى، تىجارەت پائالىيىتىنى قېلىپلاشتۇرۇشىغا ياردەم بېرىپ، ۋەيران بولۇش گىرداۋىغا كېلىپ قالغان بىر قىسىم كارخانىلارنى قايتا ھاياتلىققا ئېرىشتۈرۈپ، شۇ يەردىكى رەھبەرلەر ۋە كارخانا ساھەسىدىكىلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. ئۇ 1999 - يىل 3 - ئايدا لۈكچۈن بازارلىق سوتخانىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەندىن بۇيان سوتخانىدىكى كادىر - ساقچىلارنى باشلاپ دائىم دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىگە، ئېتىزلىقلارغا بېرىپ، دېھقانلارغا چېتىلىدىغان دېلولارنى قانۇن بويىچە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، دېھقانلارنىڭ بىپەپ ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشىنى ۋە يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى ئومۇمىيۈزلۈك، ئەلا قانۇن مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىدى. ئۇ كۆپ قېتىم پىچان ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن ئىلغار خىزمەتچى، مۇنەۋۋەر كادىر بولۇپ باھالاندى. 1998 - يىل 3 - ئايدا ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر خەلق سوتچىسى بولۇپ باھالاندى ھەم 2 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ ئەنگە ئېلىندى.

**ھەبىبۇللا ھۈسەيىن** كومپارتىيە ئەزاسى، ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، پىچان ناھىيىلىك سەھىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى.



ھەبىبۇللا ھۈسەيىن 1981 - يىلى شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن. ئۇ ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئوبدان خىزمەت شارائىتى ۋە تۇرمۇش مۇھىتىنى تاشلاپ، ئەينى ۋاقىتتا مۇھىت شارائىتى بىر قەدەر ناچار بولغان پىچان ناھىيىسىگە كېلىپ، كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە پىششىق داۋالاش تېخنىكىسى بىلەن بىمارلارنى ئازاب - ئوقۇبەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ، شۇ يەردىكى ئاممىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى. 1995 — 1998 - يىللىرى ئۇ ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىقى ۋە قوشۇمچە مۇئاۋىن دوختۇرخانا باشلىقلىقىنى ئۈستىگە ئالدى. 1998 - يىل 3 - ئايدا ناھىيىلىك سەھىيە ئىدارىسىگە يۆتكىلىپ

ئىدارە باشلىقى بولدى. ئۇ كەسىپتىكى ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش ۋە يولداش ۋۇ دېيۈەندىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنى ئاچقۇچ قىلىپ، ئۈلگە قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، سەھىيە كەسپى ئوبرازىنى يارىتىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، سەھىيە خىزمىتىنى جەمئىيەتنىڭ نازارىتى ئاستىغا قويدى، ۋەدىلىك مۇلازىمەتنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق ئىدارە بويىچە ئەلا مۇلازىمەت قىلىش، قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش، مەدەنىي ئىش بېجىرىش، مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە ئىشلەشتەك خىزمەت ئىستىلىنى شەكىللەندۈردى. 1999 - يىلى ئۇ پىچان ناھىيىلىك پارتكوم تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى، مۇنەۋۋەر كادىر بولۇپ باھالاندى. شىنجاڭ تىببىي ئىلمىي جەمئىيىتى تەرىپىدىن كېڭەش ئەزالىقىغا تەكلىپ قىلىندى.

**جۇ گوشىڭ** كومپارتىيە ئەزاسى، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە، قۇمۇل شەھەرلىك يەرلىك باج ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، قوشۇمچە مالىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى.



ئۇ مالىيىدىكى كىرىمنى ئاشۇرۇپ، چىقىمنى تېجەشتىن ئىبارەت بۇ مەركىزىي خىزمەتنى چىڭ تۇتۇپ، تۈزۈلمە ئارقىلىق بايلىق توپلاش، سىياسەت ئارقىلىق بايلىق ھاسىل قىلىشتىن ئىبارەت يېڭىچە مالىيە باشقۇرۇش تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، قۇمۇل شەھىرىنىڭ خام چوت سىرتىدىكى مەبلەغنى باشقۇرۇش چارىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، مالىيە خام چوتى ئىچى ۋە سىرتىدىكى مەبلەغنىڭ ئۇنىۋېرسال تەڭپۇڭلىشىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. مەمۇرىي، كەسپىي ھەقلەرنى ۋە مۇسادىرە كىرىمنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، مالىيىنىڭ مەخسۇس ئىچوتتا ساقلىنىش نىسبىتىنى %90تىن ئاشۇردى. قۇمۇل شەھىرىنىڭ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق باج كىرىمى 1996 - يىلدىكى 5 مىليون 960 مىڭ يۈەندىن 1999 - يىلى 10 مىليون يۈەنگە كۆپەيدى؛ مالىيە كىرىمى 1997 - يىلدىن ئارتىپ ھەر يىلى %17لىك سۈرئەت بىلەن ئۆسۈپ، 1999 - يىلنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە 100 مىليون يۈەنلىك چوڭ ئۆتكەلدىن ئۆتتى.

جۇ گوشىڭ كۆپ قېتىم قۇمۇل ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك يەرلىك باج سىستېمىسى بويىچە مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى، مۇنەۋۋەر رەھبىرىي كادىر، مۇنەۋۋەر مەمۇر، مۇنەۋۋەر ناھىيە (شەھەر) لىك ئىدارە باشلىقى، 10 ياخشى چاكارنىڭ بىرى بولۇپ باھالاندى. 2000 - يىل 4 - ئايدا يەنە مەملىكەت بويىچە ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالاندى.

## ئابدۇراخمان ھەسەن

1949 - يىل 10 - ئاينىڭ 13 - كۈنى تۇغۇلغان، كومپارتىيە ئەزاسى، ھايات ۋاقتىدا قۇمۇل شەھەرلىك يەر باشقۇرۇش ئىدارىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ئىدى.

ئۇ سىياسىي جەھەتتە قەتئىي، مەيدانى ئېنىق، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغدايدىغان قەيسەر قاراۋۇل ئىدى. ئۇ 1998 - يىل 2 - ئايدا يەر باشقۇرۇش ئىدارىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلەنگەندىن كېيىن، قۇمۇل شەھىرىدىكى دېھقانلارنىڭ تۇرالغۇ بازىسىنى مەلۇم قىلىش ۋە تەستىقلاشنى



باشقۇرۇش چارىسى، قۇمۇل شەھىرىنىڭ يەر باشقۇرۇش سىستېمىسىدىكى خىزمەتچىلەرنىڭ سەۋەنلىك مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈش چارىسى ۋە پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى كونكرېت يولغا قويۇش لايىھىسى قاتارلىقلارنى تۈزۈپ چىقىشقا رىياسەتچىلىك قىلدى. مۇھىم قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە ئىشلىتىدىغان يەرلەرنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش رەسمىيىتىنى ئېلان قىلدى، ئىش بېجىرىش تەرتىپى ۋە ھەق ئېلىش ئۆلچىمىنى ئاشكارىلىدى؛ نازارەت قىلىش ئورنى، پىكىر ساندۇقى تەسىس قىلدى، ئۆي - مۈلۈك ئىدارىسى ۋە مەھەللە ئىش باشقارمىسىدىن كەسىپ ئىستىلىنى نازارەت قىلىش خادىمىدىن 8نى تەكلىپ قىلدى، يەرلەرنى سەييارە تەكشۈرۈش تۈزۈمى ۋە ئەرزىيەتنى تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى ئورناتتى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى. ناھىيە تەۋەسىدىكى بىڭتۇەن تۇەن - مەيدانلىرىنىڭ يەر ھوقۇقىنى بېكىتىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولغان مەزگىلدە، جاپاغا قارىماي، ئۆزى باشلامچى بولۇپ، تومۇز ئىسسىقتا 8 تۇەن - مەيدانغا بېرىپ، بىڭتۇەن بىلەن يەرلىكنىڭ پاسىلىنى تەكشۈرۈپ ئۆلچىدى، بوزيەر ئېچىش تارىخىنى كۆزدىن كەچۈردى، يەر ئىشلىتىش ئەمەلىيىتىنى تەتقىق قىلدى، بىڭتۇەننىڭ يەر ھوقۇقىنى بېكىتىش سىياسىتىنى تەشۋىق قىلدى، دائىم قورسىقىنىڭ ئاغرىشىغا بەرداشلىق بېرىپ، كېسەل ئەھۋالىدىمۇ خىزمەتتە

چىڭ تۇردى. بىرىنچى يىل ئىچىدە نەچچە مىڭ چاقىرىم يول يوررۇپ، 96 پارچە تارىخىي ماتېرىيالنى كۆرۈپ ئېنىقلاپ، پاسىلنىڭ 245 ئەگمە نۇقتىسىنى بېكىتىپ، 58 يەر ماجىراسىنى ھەل قىلدى، كۆلىمى 68 مىڭ 606.67 گېكتار كېلىدىغان 9 پارچە يەرنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى بېكىتىش خىزمىتىنى تاماملاپ، شىنجاڭدىكى ناھىيە، شەھەرلەر بويىچە بىرىنچى بولۇپ يەرلىرىنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى بېكىتىش خىزمىتىنى ئاۋۋال تاماملىدى. قۇمۇل شەھەرلىك يەر باشقۇرۇش ئىدارىسى يەر ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى بېكىتىش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن، ئابدۇراخمان ھەسەن يەر ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى بېكىتىش خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى. ئابدۇراخمان ھەسەن 2000 - يىل 3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى كېسەل سەۋەبىدىن داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي 51 يېشىدا قۇمۇلدا ۋاپات بولدى.

**لى چياڭ** 34 ياش، كوم. پارتىيە ئەزاسى، قۇمۇل شەھەرلىك ئورگانلار خوجىلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى.



1999 - يىلى ئىدارە باشلىقى بولغاندىن بۇيان ئاھالىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى ئاساس قىلىپ، ئومۇمىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ، مۇلازىمەت سالمىقىنى زورايتتى. ئۇ قېلىپلاشتۇرۇشنى تەكىتلەپ، باشقۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئورگان خوجىلىق ئىدارىسىنىڭ تۈرلۈك ئۆلچەملەشتۈرۈش، تۈزۈملەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، بىر يىللىق جاپالىق تىرىشىش ئارقىلىق، ئورگان خوجىلىق ئىدارىسىنىڭ تۈرلۈك مۇلازىمەت ئۆلچىمى ۋە باشقۇرۇش چارىلىرىنى مۇكەممەللەشتۈردى. ئىدارىدىكىلەر ئۇنى «ئالدىراش باشلىق» دېيىشىدۇ، بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرىدە باشقىلار دەم ئالسا ئۇ ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ، كىمنىڭ ئۆيىدە ئىش بولسا بىۋاسىتە ئۇنى ئىزدىشىدۇ. بىر يىلدىن بۇيان ئۇ ئىدارىدىكى بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە يېتەكچىلىك قىلىپ، «ئىش ئورنىنى قەلبىگە پۈكۈش، مۇلازىمەتتە رازى قىلىش» مەزمۇن قىلىنغان ئۆلچەملەشتۈرۈش پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئامما ئالدىرىغانغا ئالدىراپ، ئامما ئويلىغاننى ئويلاپ، جان - دىل بىلەن ئامما ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا يېتەكلەپ، ئاكتىپلىق بىلەن ئۆيلەرگىچە بېرىپ مۇلازىمەت قىلىپ، ئاممىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى.

1999 - يىلى لى چياڭ قۇمۇل شەھىرى بويىچە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھالاندى.

**يەن خۇاۋېن** كومپارتىيە ئەزاسى، پايتەخت ئىقتىساد - سودا ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن، ئاسپىرانت ئوقۇش تارىخىغا ئىگە، قۇمۇل شەھەرلىك ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى.

ئۇ 20 نەچچە يىلدىن بۇيان ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت تارماقلىرىدا ئىشلىگەن، ئەمگەككە دائىر سىياسەت، قانۇن، بەلگىلىمىلەرگە پىششىق. ئۇ ھەقىقىي، ئەمەلىي ئىشلەش خىزمەت ئىستىلى، پۇختا نەزەرىيىۋى ئاساسى ئارقىلىق قۇمۇل شەھىرىنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتا خىزمىتىنى قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش ئىزىغا سالدى. ھەر قايسى



بۆلۈم - ئىشخانىلاردا فوندنى يىغىپ يۇقىرىغا تاپشۇرۇشنىڭ ئىشالىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، سۇغۇرتىلاش نىسبىتى بىلەن فوندنى يىغىپ يۇقىرىغا تاپشۇرۇش نىسبىتى ئۇدا 3 يىل 100% كە يەتكۈزدى.

1997 - يىلى يەن خۇاۋېنغا ئەمگەك نازارىتى تەرىپىدىن ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمگەك سىستېمىسىدىكى ئىلغار خىزمەتچى دەپ نام بېرىلدى؛ 1998 - يىلى قۇمۇل شەھەرلىك پارتكوم تەرىپىدىن ئىلغار شەخس بولۇپ، شەھەرگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار خىزمەت كومىتېتى تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھالاندى؛ 1999 - يىلى ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە ئۇنىڭغا ياشانغانلار كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى كېڭەيتىش، سۇغۇرتا ھەققىنى يىغىپ يۇقىرىغا تاپشۇرۇش خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس دەپ نام بەردى.

**ۋاڭ فېڭمىڭ** كومپارتىيە ئەزاسى، قۇمۇل شەھەرلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى.

ئۇ 1994 - يىلى قۇمۇل شەھەرلىك



خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغاندىن بۇيان، قىزىلما بايلىقلارنىڭ مۇۋاپىق ئېچىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، تاغ - داۋانلاردىن ئېشىپ، چۆل - جەزىرىلەرنى كېزىپ، شىنجاڭ - گەنسۇ چېگرىسىنى تەكشۈرۈپ چىقتى. بىر ئاي ئىچىدە شەھەردىكى 161 كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنى ئايلىنىپ، نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىغا يېتەكچىلىك قىلدى. قۇمۇل شەھىرى شىنجاڭ بويىچە كەنت (ئاھالە) كومىتېتىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىدىكى ئىلغار شەھەر (ناھىيە) بولۇپ باھالاندى. ئۇ كەنتلەرگە، ئائىلىلەرگە بېرىپ، قارا دۆۋە يېزىسىنىڭ بىر ياشانغانلار ساناتورىيىسى قۇرۇشىغا ياردەم بەردى، بۇلۇڭتوغراق، پالۋانتۇر يېزىلىرىنىڭ ياشانغانلار ساناتورىيىسىنى كېڭەيتىپ قۇرۇشىغا مەبلەغ ئارقىلىق يار - يۆلەك بولدى، راھەتباغ يېزىسىنىڭ ياشانغانلار ساناتورىيىسى قۇرۇشنى ئاكتىپ پىلانلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە بۇلۇڭتوغراق يېزىسىنىڭ ياشانغانلار ساناتورىيىسى ئاپتونوم رايون بويىچە «ئوندا ياخشى» ياشانغانلار ساناتورىيىسى ئۆلچىمىگە يەتتى. ئۇ خەلق ئىشلىرى خىزمەتچىلىرىنى يېتەكلەپ، كوچا - كويلارغا، ئائىلىلەرگە بېرىپ، تەكشۈرۈپ ئەھۋال ئىگىلەپ، ئۆتكەلنى قاتتىق تۇتۇپ، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت ئوبيېكتى ۋە كاپالەتلەندۈرۈش دائىرىسىنى بېكىتىش ۋە كاپالەتلەندۈرۈش مەبلىغىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى يېرىم يىلدا تاماملىدى ھەمدە يولغا قويۇش تۈزۈمىنى تۇرغۇزدى. نۆۋەتتە، شەھەر بويىچە 4233 ئادەم (قېتىم) گە جەمئىي 316 مىڭ يۈەن كاپالەتلەندۈرۈش پۇلى بېرىلدى. ئۇ يەنە ھەربىي سەپتىن قايتقانلارنى ھەقلىق يۆتكەش، ھەربىي سەپتىن قايتىپ ئىشقا ئورۇنلاشمىغانلارغا ئەڭ تۆۋەن مائاش بېرىش قاتارلىق يېڭى تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ھەربىي سەپتىن بوشانغان، كەسىپ ئالماشتۇرغانلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش تەس بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. ئۇ يەنە كۆچۈش ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلماقچى بولغان دېھقان، چارۋىچىلارغا ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى ھەل قىلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئەمگەك قىزغىنلىقىنى قوزغىدى، ئۇ قوشۇن قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، ئورگان كادىرلىرىنى ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، ، تۈرلۈك ئۆگىنىشلەرگە تەشكىللەپ، ئۇلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈردى. ئۇنىڭ يېتەكلىشى بىلەن قۇمۇل شەھەرلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ۋىلايەت، شەھەر تەرىپىدىن مەدەنىي ئورگان، مۇنەۋۋەر رەھبەرلىك بەنزىسى، ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى، ۋاڭ فېڭمىڭ 1996 - يىلدىن بۇيان ئۇدا 3 يىل قۇمۇل شەھىرى تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر خىزمەتچى بولۇپ، 1998 - يىلى مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھالاندى، 1999 - يىل 12 - ئايدا شەھەرلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكى، مەملىكەتلىك ئىككىنى ھىمايە قىلىش ئىشخانىسى تەرىپىدىن «شەپقەت يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى» دىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ، ئۆزى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى.



**جياڭ چىڭجۇڭ** —— 56 ياش، كومپارتىيە ئەزاسى، قۇمۇل شەھەرلىك ئەرزىيەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى.

ئۇنىڭ كەسپچانلىقى كۈچلۈك، پرىنسىپتا چىڭ تۇرىدۇ، پارتىيىۋىلىكى كۈچلۈك، يولداشلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىشقا ماھىر. 1998 - يىل 2 - ئايدا ئەرزىيەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغاندىن بۇيان، ئەرزىيەتتە كىچىك ئىش بولمايدۇ، دېگەندە باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇردى. ئەرزىيەت ئىدارىسىدىكى يولداشلارغا باشلامچىلىق قىلىپ، «ئەرزىيەت نىزامى» ۋە تۈرلۈك قانۇن، قائىدە - نىزاملارنى ئەستايىدىل ئۆگەندى، بىرلىكتە ئىشلەپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، ئىدىيىسى، ئىستىلى توغرا، راست گەپ قىلىدىغان بىر تۈركۈم ئەرزىيەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈردى، ئاممىدىن كەلگەن خەتلەرنى يۇقىرى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئەستايىدىل بىر تەرەپ قىلدى. ئەرز ئېيتىپ كەلگەن ئاممىنى ئەدەپلىك كۈتۈۋالدى، ئاممىغا تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئەمەلىي ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەردى، جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلدى. 1998 — 1999 - يىللىرى ھال ئېيتىپ كەلگەن ئاممىدىن 1450 ئادەم (قېتىم) نى، كوللېكتىپ ھال ئېيتىپ كەلگەن 215 تۈركۈم (قېتىم) دىكى 890 ئادەم (قېتىم) نى كۈتۈۋالدى، پارچە - پۇرات ئەرزدىن 412 (قېتىم) نى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى. 1999 - يىللىق ئاپتونوم رايونلۇق ئەرزىيەت بېجىرىش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنىدا، قۇمۇل شەھىرى تەجرىبە تونۇشتۇرىدىغان 7 ئورۇننىڭ بىرى بولۇپ، باشقا ئورۇنلارغا ئەرزىيەت خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ، قۇمۇل شەھىرى ئۈچۈن شان - شەرەپ كەلتۈردى. 1998 - يىلى جياڭ چىڭجۇڭ قۇمۇل شەھىرى بويىچە مۇنەۋۋەر خىزمەتچى؛ 1999 - يىلى قۇمۇل شەھىرى بويىچە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھالاندى.

**نىياز ئەمەت** كومپارتىيە ئەزاسى، قۇمۇل شەھەرلىك گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، ئىقتىساد - سودا پارتكومىنىڭ ئەزاسى.



ئۇ ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئىدارىنىڭ خىزمەت ئىستىلىنى پائال ياخشىلىدى، «باشقۇرۇشنىڭ ئۆزى مۇلازىمەتتۇر» دېگەننى خىزمەتتە ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈردى، قېزىلما بايلىق تۆلەم پۇلىنى تاپشۇرمايۋاتقانلارغا تەشۋىق قىلىش، چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنى سەۋرچانلىق بىلەن ئىنچىكە ئىشلىدى ھەمدە ھېساباتنى نەق مەيداندا تەكشۈرۈشنى يولغا قويدى، ھازىر يىغىۋېلىنغان قېزىلما بايلىق تۆلەم پۇلى 800 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ، يىغىۋېلىنىش نىسبىتى % 100كە يەتتى. ئۇ ھەممە ئىشنى ئۆزى قول سېلىپ ئىشلەپ، ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن ئۈلگە بولدى. ياۋائىلاتا بۇلاق كۆمۈركان رايونىنى نۇقتىلىق ئىنقىلاپ رەتكە سالدى، شەھەر تەۋەسىدە سىلىتىسىيلىق ياغاچنى ئوغرىلاپ سېتىش دېلوسىدىن بىرنى ئېنىقلاپ بىر تەرەپ قىلدى، ساقا دېھقانچىلىق مەيدانى قوشقۇدۇق ئالتۇن كېنىدىكى نورغۇن ماجىرانى ھەل قىلدى. 1999 - يىلى قۇمۇل ۋىلايىتى ئۈچۈن تور قىلىپ ئورغۇزۇلىدىغان 44 تەكشۈرۈش تورىنى قولغا كەلتۈردى، بۇنىڭ تەكشۈرۈش كۆلىمى 5 . 1643 كۋادرات كىلومېتىر، 3 مىليون يۈەندىن ئارتۇق تەكشۈرۈش ۋە گېئولوگىيىلىك قوغداش مەبلىغىنى قولغا كەلتۈرۈپ، قۇمۇل شەھىرىنىڭ كانچىلىق ئىقتىسادىنىڭ سىجىل تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ياخشى ئاساس سېلىپ بەردى. ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە كان مەھسۇلاتلىرىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش خىزمىتى باشتىن - ئاخىر شىنجاڭ بويىچە ئالدىنقى قاتاردا ماڭدى. نىياز ئەمەتمۇ كۆپ قېتىم «كان باشقۇرۇشتىكى ئىلغار شەخس»، «قانۇننى مەدەنىي ئىجرا قىلىشتىكى ئىلغار شەخس»، «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى» دېگەن نامىلارغا ئېرىشتى. 1999 - يىلى قۇمۇل شەھىرى بويىچە 10 ياخشى چاكارنىڭ بىرى بولۇپ باھالاندى.

**لى كېشىن** كومپارتىيە ئەزاسى، ئىنژېنېر، قۇمۇل شەھەرلىك ئالتۇن كېنىنىڭ باشلىقى، 1989 - يىلى قۇمۇل شەھەرلىك ئالتۇن كېنىغا باشلىق بولغاندىن كېيىن، 45 مىڭ يۈەن قەرز ئېلىپ، يول، سۇ، توك بولماسلىقتەك



قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، 8 يىلدا بىر كىچىك كارخانىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، قۇمۇل شەھىرىدىكى تۆۋرۈك كەسىپكە ۋە پايدا، بېجى كۆپ كارخانىغا ئايلاندۇردى. 1993 - يىلدىن باشلاپ، قوشۇۋېلىش، بىرلىشىش، تۆۋەن تەننەرختە كېڭەيتىش ئارقىلىق، تېخنىكا ئۆزگەرتىپ، كېڭەيتىپ قۇرۇپ، كارخانىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى. 1998 - يىلى ئىشلەپچىقىرىلغان ئالتۇن 40 مىڭ سەردىن ئېشىپ، 30 مىليون 290 مىڭ يۈەن پايدا، باج يارىتىلدى؛ 1999 - يىلى ئالتۇن مەھسۇلاتى 40 مىڭ 15 سەرگە يېتىپ، پايدا، باج جەھەتتە شىنجاڭدىكى ئوخشاش كەسىپتىكىلەرنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، شىنجاڭدىكى ئالتۇن كانلار ئىچىدە 1 - ئورۇندا تۇرىدىغان كان دەپ ئاتالدى. 11 يىلدىن بۇيان ياراتقان پايدا، باج 92 مىليون 685 مىڭ يۈەنگە، يۇقىرىغا تاپشۇرغان ئالتۇن 139 مىڭ 33 . 757 سەرگە يېتىپ، ۋىلايەت، شەھەر بويىچە سانائەت ساھەسىدىكى باشلامچى كارخانا بولۇپ قالدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېجۈەن قۇمۇل شەھەرلىك ئالتۇن كانىغا «جۇل - باياۋاندىكى ئەڭ ياخشى باشقۇرۇلغان كان» دەپ بېغىشلىما يېزىپ بەردى. 1985 - يىلى لى كېشىن ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى ھەم قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە دومىنا بېجىنى ئونىۋېرسال ئۆزگەرتىش نەتىجىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ 1991 - ، 1992 - يىللىرى قۇمۇل شەھىرى بويىچە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھالاندى؛ 1993 - يىلى «شەرقىي يول» مەجمۇئەسى تەھرىر بۆلۈمى تەرىپىدىن شەرقىي يولدىكى مۇنەۋۋەر كارخانىچى بولۇپ باھالاندى؛ 1994 - يىلى قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى؛ 1995 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىسى بويىچە باشقۇرۇشتىكى ئىلغار شەخس، قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن ئىختىساس ئىگىسى بولۇپ باھالاندى؛ 1996 - يىلى قۇمۇل شەھىرى بويىچە مۇنەۋۋەر رەھبىرىي كادىر، قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئىلغار خىزمەتچى، قۇمۇل شەھىرى بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى، ئاپتونوم رايون بويىچە 8 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە كان ئېچىشتىكى ئىلغار خىزمەتچى؛ 1997 - يىلى قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالاندى؛ 1998 -

يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالاندى، شىنجاڭنى ئېچىش، گۈللەندۈرۈش مېدالىغا ئېرىشتى؛ 1999 - يىلى قۇمۇل شەھىرى بويىچە مۇنەۋۋەر سىياسىي كېڭەش ئەزاسى، قۇمۇل شەھىرى بويىچە 10 ياخشى چاكارنىڭ بىرى، قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن ئىختىساس ئىگىسى بولۇپ باھالاندى.

**چېن دوڭ** ئىلگىرى قۇمۇل شەھەرلىك باھا ئىدارىسى باھا ئىشلىرى ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان، 1995 - يىلى قۇمۇل شەھەرلىك تۆز سېلىترا ئوفەتچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ دىرېكتورى بولغان، ھازىر مۇشۇ شىركەتنىڭ باش مۇدىرى، دىرېكتورى.



ئۇ، بىر قانچە يىلدىن بۇيان تۆزچىلىقنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرۇپ، جاپالىق كۈرەش قىلىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا خىزمەت قىلىپ، كارخانا تەرەققىياتىدا يېڭى ۋەزىيەت ياراتتى. ئۇ ئەسلىدىكى ۋەيران بولغان بىر كارخانىنى يېڭى ھاياتقا ئېرىشتۈردى. تۇرلۇك باشقۇرۇش تۈزۈمىلىرىنى ئورناتتى. 1996 - يىلىنىڭ ئاخىرى بۇ كارخانا مەملىكەت بويىچە تۆز ئىشلەپچىقىرىدىغان نۇقتىلىق كارخانا قىلىپ بەلگىلەندى. ئۇ مەھسۇلات ۋە بازار پۇرسىتىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، بازارنى تۇتۇپ، ئۇنۇمنى ئىلگىرى سۈردى، 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، مەھسۇلات قىممىتىنى 8 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە، پايدىنى 580 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى. بۇ كارخانىنىڭ 5 يىلدا يۇقىرىغا تاپشۇرغان بېجى 4 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتتى، مال - مۈلكى 2 مىليون 180 مىڭ يۈەندىن 5 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە كۆپەيدى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 7500 يۈەنگە يەتتى. ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قۇمۇل شەھىرى بويىچە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى، ئىلغار خىزمەتچى دېگەن ناملارغا ئېرىشتى. 1999 - يىلى قۇمۇل شەھىرى بويىچە «ئون ياخشى چاكار»نىڭ بىرى بولۇپ باھالاندى.

**گوڭ شۇيىڭ** كومپارتىيە ئەزاسى، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە، قۇمۇل شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى.



گوڭ شۇيىڭنىڭ ئاياللار بىرلەشمىسىدە ئىجتىھات بىلەن ئىشلەۋاتقىنىغا 27 يىل بولدى. ئۇ ئاياللار خىزمىتىنى ياخشى كۆرىدۇ، ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، دائىم ئاساسىي قاتلاملارغا بېرىپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىدۇ، ئۇ يېزىپ چىققان «قۇمۇل شەھىرىدىكى ئاياللارنىڭ سىياسىي ئىشلارغا ئارىلىشىش ئەۋزەللىكىنى ئانالىز قىلىش، تەتقىق قىلىش دوكلاتى»ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى بويىچە مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئاساسىي قاتلام ئاياللار تەشكىلىگە بولغان يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىش، خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، ئاياللار خىزمىتىنى نىشانلىق باشقۇرۇشنى ئۈزلۈكسىز يەكۈنلەپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاساسىي قاتلام ئاياللار خىزمىتىنىڭ تۈزۈملىشىش، قېلىپلىشىشقا قاراپ مېڭىشىنى ئىلگىرى سۈردى. ئۇ ئىلگىرى شەھەرلىك ئىدارىلەر پارتكومى بويىچە مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى، ۋىلايەت بويىچە مۇنەۋۋەر ئايال كادىر، دېگەن ناملارغا ئېرىشكەن. 1998 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاياللارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداشتىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى. ئېرى ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغاندا ئۇ ئېرىنى چوڭقۇر مۇھەببىتى بىلەن كۈتتى، شۇڭا ئۇ 1999 - يىلى ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون بويىچە 5 تە ياخشى مەدەنىي ئائىلىدىكى «ياخشى خوتۇن» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

**جاڭ ۋېي** ئايال، 37 ياش، ئۇ 1980 - يىلى تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن خەلق ساقچىسى بولدى. ساقچى بولغان 17 يىلدىن بۇيان، ئاۋۋال ئاساسىي قاتلام ساقچىخانىدا ئىشلىدى، 1984 - يىلى قۇمۇل شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى جىنايى ئىشلار ساقچى چوڭ ئەترىتىگە يۆتكىلىپ، يۇقىرى يېڭى تېخنىكىنى پىششىق بىلىدىغان ۋە ئىشلىتەلەيدىغان جىنايى ئىشلار رازۋېدكا تېخنىكا خادىمى بولۇپ




قالدى. 1999 - يىلى ئۇ نەق مەيداننى 210 قېتىم چارلاپ تەكشۈرۈپ، دېلو پاش قىلىشنى ئۆز ۋاقتىدا دەلىل - ئىسپات بىلەن تەمىنلىدى؛ ئۇ ئالغان جىنايەتكە دائىر 159 پارچە ماتېرىيال، قوبۇل قىلىپ قاراپ چىققان 6 پارچە تەكشۈرۈش ماتېرىيالى، چىقىرىپ بەرگەن 6 پارچە باھالاشنامىنىڭ توغرىلىق نىسبىتى %100كە يەتتى. ئۇ دېلو پاش قىلىشنى كۈچلۈك يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەپ، دېلو پاش قىلىشتا تۆھپە قوشتى. ئۇ ئىلگىرى ئۇدا 3 قېتىم مۇنەۋۋەر مەمۇر بولۇپ باھالانغان، 5 قېتىم مۇكاپاتلانغان، بىر قېتىم شەخسلەر بويىچە 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن، كۆپ قېتىم مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھالانغان. 1998 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر خەلق ساقچىسى، دېگەن نامغا، 1999 - يىلى قۇمۇل شەھىرى بويىچە مۇنەۋۋەر خەلق ساقچىسى، قۇمۇل شەھىرى بويىچە خەلقنى رازى قىلغان سىياسىي قانۇن كادىر ساقچىسى، 1999 - يىلى مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر خەلق ساقچىسى، دېگەنناملارغا ئېرىشتى.

**خوڭ چىڭجاۋ** قۇمۇل شەھەرلىك داڭلىق كىيىم - كېچەكلەر سودا سارىيىنىڭ دىرېكتورى.

بۇ سودا ساراي 1997 - يىلى تىجارەت باشلىغاندىن تارتىپ، خوڭ چىڭجاۋ سەپەتتە ئىشەنچلىك بولۇش، ئىناۋەتنى 1 - ئورۇنغا قويۇشنى تەكىتلەپ كەلدى. ئۇ شەخسەن ئۆزى بېيجىڭ، شاڭخەي، گۇاڭجۇ، فۇجيەن، جياڭسۇ قاتارلىق كىيىم - كېچەكلىرى ئىلغار شەھەرلەرگە بېرىپ، ئەۋرىشكە كۆرۈپ، مال زاكاز قىلدى، بارلىق كىيىم - كېچەكلەرنىڭ ھەممىسىنى ھەر قايسى زاۋۇتلاردىن نورمال يول بىلەن كىرگۈزدى ھەمدە كىيىملەرنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن سۈپەت تەكشۈرۈش ئىدارىسىگە ئاپىرىپ تەكشۈرتۈپ ۋە باھالىتىپ، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ۋە ئىستېمالچىلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى. داڭلىق كىيىم - كېچەكلەر سودا سارىيى قىزغىن، تەشەببۇسكار، ئەتراپلىق، سەۋرچان بولۇشنى مۇلازىمەت مەقسىتى، خىزمەتچىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنى ۋاستە قىلىپ، خىزمەتچىلەرنى مۇكاپاتلاش، جازالاش تۈزۈمىنى، خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى، كىيىم - كېچەكنى قايتۇرۇش، ئالماشتۇرۇش تۈزۈمىنى تۈزۈپ چىقىپ، سۈپەتلىك، ئەلا مۇلازىمەتكە كاپالەتلىك قىلدى ھەم ياخشى ئوبراز تىكلىدى. داڭلىق كىيىم - كېچەكلەر سودا سارىيى قۇمۇل شەھەرلىك يەككە ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتى تەرىپىدىن 1999 - يىللىق 10 ياخشى ئىلغار سودا ئۆلگىسىنىڭ بىرى، خوڭ چىڭجاۋ قۇمۇل شەھىرى تەرىپىدىن 1999 - يىللىق 10 ياخشى مۇلازىمەت چولپىنىنىڭ بىرى بولۇپ باھالاندى.

**ما يۆچىن** ئايال، خۇيزۇ، قۇمۇل شەھەرلىك يۆخې سۈيۇقلاندۇرۇلغان گاز پونكىتىنىڭ دىرېكتورى.

ما يۆچىن بىر قېتىملىق تاسادىپىي پۇرسەت تۈپەيلىدىن سۈيۇقلاندۇرۇلغان گاز كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ قالغان. ئۇ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىستېمالچىلارنى ئەڭ قۇلاي، ئەڭ ئەلا مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەشكە بەل باغلاپ، ئۇلارنى ھەقىقىي «خۇدا» دەپ بىلگەن. 1998 - يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى يۆخې سۈيۇقلاندۇرۇلغان گاز پونكىتى تىجارەت باشلىغاندا جەمئىيەتكە ئۈچ ئەھدىنامە ۋەدە بەردى: (1) بىر يىل، 365 كۈن، 24 سائەتنىڭ ھەر قانداق ۋاقتىدا گازنى ئىشلىتىدىغانلارغا بەرىمىز؛ (2) ئىستېمالچىلارنىڭ تېلېفونىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، 15 مىنۇت ئىچىدە گازنى ئۆيىگە يەتكۈزۈپ بېرىمىز؛ (3) ھەر تۇڭ گازنىڭ خاتالىق پەرقىنى 0.5 ± كىلوگرامدىن ئاشۇرمايمىز. ئۇ بۇ 3 تۈرلۈك ۋەدىنى يۆخېنىڭ قائىدىسى قىلىپ، ئۇنىڭغا يۆخېنىڭ ھاياتى قاتارىدا مۇئامىلە قىلدى. شۇڭا قىسقىغىنا بىر يىلدا خېرىدارلىرى 7000 دىن ئاشتى. گاز تېگىشىش ئۇقتىسى بىردىن 13 كە، ئىشچى - خىزمەتچىلىرى 23كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىش ئورنىدىن قالغانلار ۋە ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلار 13. مۇلازىمەت ۋەدىسى 3 تىن 7گە يەتتى، گاز ئوچاقنى ھەقسىز رېمونت قىلىپ بېرىش، گاز تۇڭىنى ھەقسىز تازىلاپ بېرىش، «سۈيۇقلاندۇرۇلغان نېفىت گازى ئىشلەتكۈچىلەر ئوقۇشلۇقى»نى ھەقسىز بېسىپ تارقىتىش، بوش تارتقۇنى تازىلاپ بېرىش قاتارلىق مۇلازىمەت تۈرلىرى قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىچكى قىسىمدىكى باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، تۈرلۈك قائىدە - تۈزۈملەر ئورنىتىلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، «بىخەتەرلىك بىرىنچى» ئېڭى تۇرغۇزۇلۇپ، ئوت ئۆچۈرۈش سايمانلىرى تولۇق سەپلەندى، بىخەتەرلىك خادىملىرى قويۇلۇپ





مۇتەخەسسىسلەر دەرس سۆزلەشكە تەكلىپ قىلىندى، مۇلازىمەت سۈپىتى ئۈستۈرۈلدى. گاز تۇڭلىرىنىڭ سۈپىتى قەرەللىك تەكشۈرۈلۈپ، لاياقەتسىز گاز تۇڭلىرىنى ئىشلىتىش مەنئى قىلىندى.

يۇقىرى سۈيۇقلاندۇرۇلغان گاز پونكىتى 1998 ـ يىللىق باھالاشتا 1 ـ بولۇپ، ۋىلايەت بويىچە ئۆلچەم ۋە باھادا ئەمەلىيلىك سۈيۇقلاندۇرۇلغان گاز پونكىتى، دېگەن نامغا. 1999 ـ يىلى قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە ئومۇمىي مولوكچىلىك نورۇمىدە بولمىغان ئىلغار كارخانا وە باھا، ئۆلچەم، سىياسەت، قانۇن ـ نىزاملارنى ئىجرا قىلىشتىكى ئەڭ ياخشى ئورۇن، دېگەن نامغا ئېرىشتى. ما يۆچىنگە قۇمۇل شەھىرى تەرىپىدىن «ئون ياخشى مۇلازىمەت چولپىنى» نىڭ بىرى دېگەن نام بېرىلدى.

خو فېڭلىن ئايال، 1946 ـ يىل 1 ـ ئايدا تۇغۇلغان، باركۆل ناھىيىسىدىن، كومپارتىيە ئەزاسى، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە، باركۆل ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، قوشۇمچە مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى.

خو فېڭلىن سوت مەھكىمىسىدە ئىشلىگەن 35 يىلدىن بۇيان خىزمەتكە ئىنچىكە ھالدا بېرىلىپ، سەمىمىي ـ ساداقەت بىلەن ئىشلىدى، سىياسەتتە قاتتىق، كەسىپكە پىششىق، ئىستىلدا ساغلام بولدى. ئادەتتىكى خىزمەت ئورنىدا ئالاھىدە تۆھپە يارىتىپ، كۆپ قېتىم باركۆل ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكە-



مىسى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئىلغار شەخس، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھالاندى. 1997 ـ يىلى 2 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، 1998 ـ يىلى قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە سوت مەھكىمىسى سىستېمىسىدىكى مۇنەۋۋەر سودىيە، 1999 ـ يىلى يەنە بىر قېتىم ناھىيە بويىچە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى، پېشقەدەم كادىرلار خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى. 1999 ـ يىللىق خەلق رازى ياخشى سودىيە بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش پائالىيىتىدە ئاممىنىڭ ئۇنىڭدىن رازى بولۇش نىسبىتى %96تىن ئاشتى. 1999 ـ يىلى ئاخبارات، تەشۋىقات خىزمىتىدە نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئارقىلىق تەقدىرلەندى.

مىن جوڭپىڭ 1962 ـ يىل 3 ـ ئايدا تۇغۇلغان، شەنشى ئۆلكىسىنىڭ ۋېينەن شەھىرىدىن، كومپارتىيە ئەزاسى، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە، باركۆل ناھىيە كۆيسۇ يېزىلىق سوتخانىنىڭ باشلىقى.

مىن جوڭپىڭ سوت مەھكىمىسىدە خىزمەت قىلغان 8 يىلدىن بۇيان، ئىنچىكە تىرىشىپ ئۆگىنىپ، تارتىنماي سوراپ، خىزمەتنى پۇختا ئىشلىدى. ئۇ باشتىن ـ ئاخىر جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن ئىشلەشنى 1 ـ ئورۇنغا قويدى. قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلدى. شەخسى مەنپەئەتنى دەپ قانۇننى ئاياغ ـ ئاستى قىلمىدى. 1993 ـ يىلدىن 1998 ـ يىلغىچە ئۇ كۆپ قېتىم باركۆل ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى. باركۆل ناھىيە كۆيسۇ يېزىلىق سوتخانىنىڭ خىزمەتلىرىگە رىياسەتچىلىك قىلغان بىر نەچچە يىلدا، كۆيسۇ يېزىلىق



سوتخانا ئۇدا 3 قېتىم باركۆل ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى. 1998 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن «مۇنەۋۋەر سودىيە» دېگەن نام بېرىلدى ھەم بىر قېتىم 2 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ ئەنگە ئېلىندى.

سەلىمە ئايال، قازاق، 1956 ـ يىل 11 ـ ئايدا تۇغۇلغان، باركۆل ناھىيىسىدىن، كومپارتىيە ئەزاسى، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن، ئىلگىرى ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ناھىيىلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان، ھازىر باركۆل ناھىيىلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى.

سەلىمە بىر مۇنەۋۋەر ئاز سانلىق مىللەت ئايال كادىرى. ئۇ كەمتەر، تىرىشچان بولۇپ، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويىدۇ، خىزمەتتە ناھايىتى ئەستايىدىل، ئۇ يۇقىرى نەزەرىيە، سىياسەت سەۋىيىسىگە ۋە بىر قەدەر كۈچلۈك



خىزمەت ئىقتىدارىغا ئىگە، خەنزۇچە، قازاقچە 2 خىل تىل - يېزىقنى پىششىق بىلىدۇ، خىزمەتتە يېڭىلىق يارىتىش ئېڭىغا ئىگە. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان باركۆل ناھىيىلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئۇنىڭ يېتەكلىشى بىلەن تۈرلۈك خىزمەتلەردە ئەلا نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. 1997 - يىلى ئۇ ناھىيە بويىچە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى، مۇنەۋۋەر بۆلۈم دەرىجىلىك كادىر بولۇپ باھالاندى، 1998 - يىلى قۇمۇل ۋىلايەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئۇنىڭغا مۇنەۋۋەر ئىشچىلار ئۇيۇشما رەئىسى دېگەن نامنى، ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىلغار ئىشچىلار ئۇيۇشما خىزمەتچىسى دېگەن نامنى بەردى.

## لياڭ شياۋپىڭ

1960 - يىل 5 - ئايدا تۇغۇلغان، باركۆل ناھىيىسىدىن. 1980 - يىلى خىزمەتكە قاتناشقان. 1982- يىلى باركۆل ناھىيىلىك سودا - سانائەت بانكىسىغا يۆتكەلگەن.



ئۇ ئىلگىرى سودا - سانائەت بانكىسى باركۆل تارماق بانكىسىنىڭ مەمۇرىي بوغالتىرى، مەمۇرىي بۆلۈمچىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، كادىرلار ئىشلىرى بۆلۈمچىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، خەلق پۇل ئامانەتى بۆلۈمچىسىنىڭ باشلىقى بولغان. ئۆزى ئۈستىگە ئالغان ھەربىر خىزمەتتە ئۇ ئۆز ئىقتىدارىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇپ، باركۆل ناھىيىسىنىڭ پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىدا ئاز تېپىلىدىغان كەسپىي ماھىر بولۇپ قالدى. ئۇ ئىلگىرى كۆپ قېتىم ناھىيە دەرىجىلىك ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالانغان. 1991 -، 1992 - يىللىرى ۋىلايەت دەرىجىلىك ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالاندى. ئۇ مىجەزى دۇرۇس، كۆڭلى تۈز، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان ئادەم بولۇپ، خىزمەتداشلىرى ۋە دوستلىرىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن. لياڭ شياۋپىڭ 1997 - يىل 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى خەۋپ - خەتەرگە قارىماي زەھەرلەنگەن پارقازان ئىشچىسىنى قۇتقۇزۇۋېلىش يولىدا قۇربان بولدى. شۇ يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن «ئىنقىلابىي قۇربان» دەپ ئېتىراپ قىلىندى.

## بۇرھان ئاسىم

كومپارتىيە ئەزاسى، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە، ۋراچ، لوپنۇر ناھىيىلىك سەھىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، قوشۇمچە پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى.

ئۇ 1965 - يىلى خىزمەتكە قاتناشقان، ئىلگىرى لوپنۇر ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ دوختۇرى. شىپاخانىنىڭ



باشلىقى، ناھىيىلىك سەھىيە ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ناھىيىلىك سەھىيە، پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ مەخسۇس مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان. ئۇ يېزىلىق شىپاخانىدا ئىشلىگەن چاغدا، خىزمەتكە ئەستايىدىل مەسئۇل بولۇپ، بىمارلارغا ئۆز قېرىنداشلىرىدەك مۇئامىلە قىلىپ، ئاممىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى. سەھىيە مەمۇرىي رەھبەرلىكىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىن، يۈرەكلىك باشقۇرۇپ، تۈرلۈك قائىدە - تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەر مىللەت تېببىي خادىملىرىنىڭ ساپاسى ۋە داۋالاش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بەردى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ تورمۇش مۇھىتىنى ياخشىلاش، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ سالامەتلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، مۇنىنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشىنى ۋە «بېرىدىن خالىي بولۇش، ئۈچنى يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى»نى يولغا قويدى. ئۇ تېببىي داۋالاش خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، يېزا - كەنت دوختۇرلىرىنى تەربىيىلەشنى چىڭ تۇتتى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش تۈزۈمىنى پائال يولغا قويدى. ئۇ جاپاغا قارىماي، تېببىي خادىملارنى باشلاپ ناھىيىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا بېرىپ دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كېسەللىرىنى داۋالىدى. ئۇ تېببىي داۋالاش تېخنىكىسىنى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلدى، ئۇ تەتقىق قىلغان «تاق يانلىق كۆپ ئىقتىدارلىق سىرتتىن مۇقىملاشتۇرۇش ئەسۋابىنى پۇت - قول سۇنۇقلىرىنى داۋالاشقا ئىشلىتىش جەھەتتە ئۈلگە كۆرسىتىش» تۈرى لوپنۇر ناھىيىسى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، ئۇ ئۆزى سەھىيە مىنىستىرلىكىنىڭ «سەھىيە ساھەسى» ژۇرنىلى تەرىپىدىن ئاخباراتچىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى؛ ئۇ يازغان «ئامۇتسىمان مۇسكۇل سىپازمىسىنىڭ ئولتۇرغۇچ نېرۋىنى بېسىۋېلىشىنى پەسەيتىش

تېخنىكىسى» دېگەن ماقالە ئامېرىكىدىكى «جۇڭخۇا چۇاڭفېن» ژۇرنىلىغا بېسىلدى. ئۇ ھەر يىلى لوپنۇر ناھىيىسى بويىچە مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى، ئىلغار خىزمەتچى دېگەن ناملارغا ئېرىشتى، ھەمدە ئۇدا 4 نۆۋەت ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ سايلاندى ھەمدە بايىنغولىن ئوبلاستى بويىچە يېزا - بازار شىپاخانىلىرىنى قۇرۇش خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىدىكى ئىلغار خىزمەتچى، باشلانغۇچ سەھىيە - ساقلىق ساقلاش خىزمىتىدىكى ئىلغار خىزمەتچى، سەھىيە ئەرزىيەت ئىشلىرىدىكى ئىلغار شەخس قاتارلىق شەرەپلىك ناملارغا ئېرىشتى.

**لى جياڭ** كومپارتىيە ئەزاسى، 1984 - يىلى خىزمەتكە قاتناشقان، ئۇ ئىزچىل ھالدا لوپنۇر ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا ئاممىۋى مەدەنىيەت، گۈزەل سەنئەت خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1994 - يىلى مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ باشلىقى بولغان.



ئۇ مەدەنىيەت خىزمىتىنى قىزغىن سۆيىدۇ، كۈچلۈك كەسپچانلىققا ئىگە. مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ باشلىقى بولغان مەزگىلدە دائىم خىزمەتچىلەرنى باشلاپ، يېزا - كەنتلەرگە بېرىپ، پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلدى، قولىدىكى رەسىم قەلىمىدىن پايدىلىنىپ، زور بىر تۈركۈم ئىلغار شەخسلەرنىڭ ئوبرازىنى سىزىپ چىقتى، ئۇ ئىلگىرى بېيجىڭ، ئۈرۈمچى شەھەرلىرىدە، ئۆزىنىڭ رەسىم كۆرگەزمىسىنى ئاچقان، بۇنىڭ ئىچىدىكى «قىزىل كىيىملىك ئۆسمۈر قىز» دېگەن ماي بوياق رەسىم بېيجىڭ سەنئەت مۇزېيىدا ساقلانماقتا، «ئارزۇ» ناملىق ماي بوياق رەسىمى شىنجاڭ 3 - نۆۋەتلىك سەنئەت بايرىمى گۈزەل سەنئەت كۆرگەزمىسىدە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، «لوپنۇرلۇقلار» ناملىق ماي بوياق رەسىمى مەملىكەتلىك 8 - نۆۋەتلىك «چولپانلار مۇكاپاتى» گۈزەل سەنئەت كۆرگەزمىسىگە تاللاندى. ئۇنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرى مەركەز ۋە ئۆلكە دەرىجىلىك گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭ شەخسى ئەسەرلىرى ۋە قىسقىچە تەرجىمىھالى «خەنزۇچە - ئىنگلىزچە جۇڭگو ھازىرقى زامان گۈزەل سەنئەتچىلىرى، خەتتاتلىرى قامۇسى»غا، «جۇڭگو ھازىرقى زامان نادىر سەنئەت ئەسەرلىرى توپلىمى»غا كىرگۈزۈلدى. ئۇ لوپنۇر ناھىيىسى بويىچە كەسپىي تېخنىكىدا كۆزگە كۆرۈنگەن ئىختىساس ئىگىسى بولۇپ باھالاندى ھەم لوپنۇر ناھىيىسى بويىچە 10 ياخشى ياش «4 - ماي» مېدالىغا ئېرىشتى. 1999 - يىلى ئۇنىڭ «لى جياڭ سىدام سىزمىلىرى» ناملىق رەسىملەر توپلىمى رەسمىي نەشر قىلىندى.

**خەن جاۋدۇڭ** 1962 - يىل 8 - ئايدا تۇغۇلغان. 1983 - يىل 7 - ئايدا بايىنغولىن ئوبلاستلىق 1 - پېداگوگىكا مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ، شۇ يىلى 9 - ئايدا مائارىپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى. 1992 - يىل 3 - ئايدا كومپارتىيىگە كىردى. ئىلگىرى سىنىپ مەسئۇلى، مەكتەپ پىئونېرلار چوڭ ئەترىتىنىڭ يېتەكچىسى، مەكتەپ ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، ناھىيىلىك ئەمگەك ئىدارىسىنىڭ كادىرى، مەكتەپ ئوقۇتۇش ئىشلىرى مۇدىرى، مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى بولغان، ھازىر لوپنۇر ناھىيىلىك 2. باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇدىرى، قوشۇمچە پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، باشلانغۇچ مەكتەپ ماتېماتىكىسى بويىچە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى دېگەن كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانى بار.



ئۇ مائارىپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغاندىن بۇيان بېرىلىپ ئىشلىدى، ئوقۇتۇش شارائىتىنى پائال ياخشىلىدى، ئوقۇتۇش كۆلىمىنى تىرىشىپ كېڭەيتتى، ئېھتىياتچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا مەكتەپنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى تېزلىتىپ، «ئۈچ ئۆز» مائارىپىنى بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ، ئىلمىي، قېلىپلاشقان باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى، ساپا مائارىپىنى كۈچەيتىپ، ئەقلىي قابىلىيىتى، ساپاسى يۇقىرى ئۇنىۋېرسال ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈردى. مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىدىيىنى ئازاد قىلىش مەقسەت قىلىنغان باشلامچى بولۇش قۇرۇلۇشىدا پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ ئۈلگە ۋە باشلامچى بولۇش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش مەقسەت قىلىنغان ئاۋانگارتلار قۇرۇلۇشىدا، مەكتەپنىڭ ياخشى ئوبرازىنى يارىتىش مەقسەت قىلىنغان ئوبراز يارىتىش قۇرۇلۇشىدا چىڭ تۇرۇش تېمىدا پائالىيەت قانات يايدۇرۇپ، مەكتەپنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىكىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈردى. مەكتەپ كۆپ قېتىم ئوبلاست، ناھىيە دەرىجىلىك مائارىپ، ئوقۇتۇش

سوۋېتى بويىچە ئىلغار ئورۇن، ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. 1999 - يىلى لوپنۇر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن سايا مائارىپى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدىغان ئورۇن، دەپ بېكىتىلدى.

خەن جاۋدۇڭغا 1995 - يىلى ج ك پ لوپنۇر ناھىيىلىك كومىتېتى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى»، 1997 - يىل 9 - ئايدا بايىنغولىن ئوبلاستلىق مائارىپ ئىدارىسى، ئوبلاستلىق ئىتتىپاق كومىتېتى تەرىپىدىن «پىئونېرلار ئەترىتىنىڭ خىزمىتىنى قوللىغان ۋە ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلگەن ياخشى مەكتەپ مۇدىرى» دەپ نام بېرىلدى. 1998 - يىل 9 - ئايدا «مۇنەۋۋەر مائارىپ خىزمەتچىسى» دېگەن نامغا ئېرىشتى. 1996 - يىلدىن 1999 - يىلغىچە ئۇنىڭغا ئۇدا 4 يىل لوپنۇر ناھىيىلىك پارتكوم تەرىپىدىن «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى» دېگەن نام بېرىلدى.



**سۇن باۋشەن** 51 ياش، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىدا ئىگە، دېھقان كارخانىچى.

1970 - يىلى ئۇ خوتەن - بالىلىرىنى ئېلىپ ئەينى ۋاقىتتا بىكتۈەن يېزا ئىگىلىك 2 - شىنىڭ ئەڭ نامرات، ئارقىدا قالغان 34 - تۈەن - مەيدانىغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. ئۇ 15 يىل تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىپ، قەيسەر ئىرادىسىگە تايىنىپ جاپالىق ئىگىلىك تىكلەپ، بىر دېھقان كارخانىچىغا ئايلاندى.

1985 - يىلى ئۇ بىر توپ ئادەمنى باشلاپ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نامرات ناھىيە — لوپقا كېلىپ، خوتەن ۋىلايىتى بويىچە تۇنجى ئايلانما خۇمدانلىق خىش زاۋۇتى قۇردى، ئۇنىڭ جاپاغا چىداپ ئەمگەك قىلىشى ۋە كۆڭۈل قويۇپ باشقۇرۇشى شۇنداقلا ئايالىنىڭ ئۇندىمەستىن قوللىشى نەتىجىسىدە، زاۋۇتىنىڭ تىجارىتى ئوبدان بولدى. زاۋۇت قۇرۇلغان 5 يىلدا ئۇ خېلى ياخشى كىرىم قىلدى، دۆلەتكە 400 مىڭ يۈەن باشقۇرۇش ھەققى ۋە تۈرلۈك باجلارنى تاپشۇردى. 1990 - يىلى خىش زاۋۇتى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ ئويتوغراق يېزىسىغا كۆچۈرۈلدى. ئىنتايىن ناچار تەبىئىي شارائىت ۋە تىل ئۇقۇشماسلىقتەك توسالغۇلار ئالدىدا ئۇ قەتئىي نىيەتكە كېلىپ يېزىلىق ھۆكۈمەت بىلەن توختام تۈزدى. 5 يىلدىن كېيىن خىش زاۋۇتى يەنە دۆلەتكە 400 مىڭ يۈەن باج تاپشۇردى. نىيە ناھىيىسىدىكى بىر يېزا - بازار كارخانىسى قۇرغان خىش زاۋۇتى مەبلەغ كەمچىل بولۇش ۋە باشقۇرۇش ناچار بولۇش سەۋەبىدىن پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالغان. سۇن باۋشەن ئۆزىنىڭ مول ئەمەلىي تەجرىبىسىدىن پايدىلىنىپ بۇ خىش زاۋۇتىنىڭ تېخنىكىسىنى رەتكە سېلىپ ۋە ئادەملەرنىڭ ساپاسىنى تەكشۈرۈپ، ئۇنىڭ ۋەزىيىتىنى تېزلا ئۆزگەرتتى.

سۇن باۋشەن 10 نەچچە يىلدىن بۇيان دۆلەتكە 1 مىليون يۈەندىن ئارتۇق پۇل تاپشۇردى ھەم خوتەن ناھىيىلىك 5 - ئوتتۇرا مەكتەپ، كېرىيە ناھىيىلىك ياشانغانلار ساناتورىيىسى، نىيە ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە 3540 يۈەن پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلدى. 1997 - يىلى ئۇ خوتەن ۋىلايىتى تەرىپىدىن ئىلغار كارخانىچى بولۇپ باھالاندى.

## ئىلغار كوللېكتىپلار

### دۆربىلجىن ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى مەدەنىيەت بازىرىنى تەكشۈرۈش چوڭ ئەترىتى

1996 - يىل 10 - ئايدا دۆربىلجىن ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى مەدەنىيەت سىستېمىسىدىكى 5 نەپەر ياش كومپارتىيە ئەزاسىنى ئارىيەت ئېلىپ، دۆربىلجىن ناھىيىلىك مەدەنىيەت بازارلىرىنى تەكشۈرۈش چوڭ ئەترىتىنى (ئەترەت باشلىقى ياڭ ياۋمىڭ، مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى ليۇ جىنجى) قۇرغان، بۇ ئەترەت دۆربىلجىن ناھىيىسىدىكى 16 يېزا (مەيدان)، بازار ۋە بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 9 - شى ۋە ئۇنىڭ قارمىقىدىكى 6 تۈەن - مەيداننىڭ مەدەنىيەت بازارلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە باشقۇرۇش خىزمىتىنى زىممىسىگە ئالغان.

تەكشۈرۈش ئەترىتى قۇرۇلغان كۈندىن باشلاپ تەكشۈرۈش خادىملىرىنىڭ ئىدىيە، سىياسىي تەربىيىسىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، تەكشۈرۈش خادىملىرىنىڭ سىياسەت ساپاسى ۋە كەسپىي ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بەردى. ھەر كۈنى 2 سائەت ئۆگىنىش تۈزۈمىدە چىڭ تۇردى، تەكشۈرۈش خادىملىرى ئۆگىنىش ئارقىلىق جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئېڭىنى تۇرغۇزدى. خىزمەتتە مەدەنىيەت بازارلىرىنى تەكشۈرۈش تۈزۈمى، مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇش تۈزۈمى، تەكشۈرۈش خادىملىرىنىڭ ئىش

ئورنى ئۆلچىمى ۋە 3 تە تىرىشچان بولۇش، 9 نى قىلماسلىقتىن ئىبارەت پالەك ئىنتىزامچان بولۇش تۈزۈمىنى قاتتىق ئىجرا قىلدى. 1997 - يىل 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى كەچتە تەكشۈرۈش ئەترىتى جىلىئاغاش يېزىسىدىكى بىر شەھۋانىي سىنئالغۇ قويۇش زالىنى ئىنىقلاپ بىر تەرەپ قىلىۋاتقاندا، قانۇنسىز تىجارەتچىلەرنىڭ قورشاپ ئۇرۇشىغا ئۇچرىدى. تەكشۈرگۈچى خادىملار خەۋپ - خەتەردىن قورقماي، چىڭ تۇرۇپ ئېلىشىپ، شەھۋانىي سىنئالغۇ قويۇش ئۈسكىنىسى پۈتۈنلەي بىتچىت قىلدى.

تەكشۈرۈش ئەترىتى تەشكىللەنگەن 3 يىلدىن بۇيان، تۈرلۈك قانۇنغا خىلاپ تىجارەت قىلىش دېلوسىدىن 136نى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە قانۇنغا ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلغانلىقتىن تىجارەت پائالىيىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغىنى 8، قانۇنغا خىلاپ تىجارىتىنى چەكلەش مۇددەتتە تۈزىتىشكە بۇيرۇلغان ئورۇن 32، قانۇنسىز تىجارەت قىلغانلىقتىن ئىقتىسادىي جازا بېرىلگەن ئورۇن 21، شەھۋانىي سىنئالغۇ قويۇش زالىدىن 2 نى، ئۈنئالغۇ لېنتىسىنى قانۇنسىز كۆپەيتىپ بېسىش ئۇۋىسىدىن بىرنى بىتچىت قىلدى. نەشر بۇيۇملىرىنى قانۇنسىز تىجارەت قىلىش چوڭ دېلوسىدىن بىرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، 16 مىڭ 400 دىن ئارتۇق قانۇنسىز نەشر بۇيۇمىنى، 1830 نەچچە قاپ (دانە) قانۇنسىز ئۈن - سىن بۇيۇمىنى يىغىۋېلىپ يۇقىرىغا تاپشۇردى.

دۆربىلجىن ناھىيىلىك مەدەنىيەت بازارلىرىنى تەكشۈرۈش چوڭ ئەترىتىنىڭ يۇقىرى ئۈنۈملۈك خىزمىتى مەدەنىيەت بازارلىرىنى تازىلاپ، جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى ساھەنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. ئۇلار 1997 -، 1998 - يىللىرى دۆربىلجىن ناھىيىسى بويىچە كەسپتىكى ناتوغرا ئىستىلنى تۈزىتىشتىكى ئىلغار ئورۇن، تارباغاتاي ۋىلايىتى بويىچە مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇشتىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. 1999 - يىلى كادىرلار مىنىستىرلىكى بىلەن مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى بىرلىكتە ئۇلارغا «مەملىكەت بويىچە مەدەنىيەت سېپىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ» دېگەن شەرەپلىك نامنى بەردى.

## چىڭگىل ناھىيىلىك ئۇنىۋېرسال تۈزەش ئىشخانىسى

بۇ ئىشخانا ناھىيە بويىچە جەمئىيەت ئامانلىقنى ئۇنىۋېرسال تۈزەشنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى زىممىسىگە ئالغان.

1999 - يىلى ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، بۇ ئىشخانىنىڭ مۇدىرى جاڭ جېنيەن كادىرلارنى يېتەكلەپ، قەتئىي ئىرادە بىلەن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، تۈزلۈكسىز يېڭىلىق ياراتتى. ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقنى قوغداشنى مەركەز، جەمئىيەت ئامانلىقنى ئۇنىۋېرسال تۈزەشكە رەھبەرلىك قىلىش مەسئۇلىيەتنامىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى باشلامچى قىلىپ، مەركەزلىك تۈزەش مەخسۇس كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق تۈرلۈك جىنايەتلەرگە قاتتىق زەربە بەردى، سىياسىي قوشۇن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى. بىخەتەر، مەدەنىي كىچىك رايون (كەنت) لارنى بەرپا قىلىش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان ئاساسىي قاتلامدا بىخەتەر مۇھىت بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇردى، جەمئىيەت ئامانلىقنى ئۇنىۋېرسال تۈزەشكە رەھبەرلىك قىلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ۋە ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، زەربە بېرىش بىلەن ئالدىنى ئېلىشنى بىرلەشتۈرۈش، ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، خىزمەتتە كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشتى. ناھىيە بازىرى ۋە يېزا چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئۆي ۋە ھويلا ئاراملارغا قاراش، چارلاش، نۆۋەتچىلىك قىلىش، تېلېفون ئارقىلىق ساقچىغا مەلۇم قىلىش، رەھبەرلەر جېدەل - ماجىرالارنى تەكشۈرۈش قاتارلىق بىر يۈرۈش تەدبىرلەرنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويدى ھەم چىڭگىلنىڭ چېگرىغا جايلاشقانلىقى، ئاھالىسىنىڭ تارقاق ئولتۇراقلاشقانلىقىدەك ئەمەلىي ئەھۋالغا بىرلەشتۈرۈپ، 5 ئائىلىنى بىر گۇرۇپپا قىلىش، 10 ئائىلىنى بىر مۇداپىئە بىرلىكى قىلىش، توپقا ئەگىشىپ چارۋا بېقىش، ئادەم چارۋىدىن ئايرىلماسلىق چارىلىرىنى قوللىنىپ، ئوغرىلىق دېلولىرىنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلىدى، بولۇپمۇ چارۋا - ماللارنى ئوغرىلاش دېلوسىنىڭ يۈز بېرىش، جىنايى ئىشلار دېلولىرىنىڭ يۈز بېرىش نىسبىتى 1998 - يىلدىكىدىن مۇقىم ھالدا تۆۋەنلىدى. جەمئىيەت ئامانلىقىمۇ خېلى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. ۋىلايەت بويىچە ھەر تەرەپلىمە تۈزەشنى باھالاشتا، چىڭگىل ناھىيىسى ئىلغار ناھىيىلەر قاتارىغا كىردى. 1997 - يىلدىن بۇيان ئۇدا 3 يىل ئالتاي ۋىلايىتى تەرىپىدىن جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشتىكى ئىلغار ناھىيە، دېگەن نامغا ئېرىشتى.

بۇ ئىشخانا ناھىيىلىك پارتكوم تەرىپىدىن 1999 - يىللىق پارتىيە قۇرۇلۇشى نىشانى بويىچە ئىلغار ئورۇن، قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش، قانۇن بويىچە باشقۇرۇش بويىچە ئىلغار ئورۇن، مەنىۋى مەدەنىيەتتىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى، 3 ئادەم ناھىيە دەرىجىلىك ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى.

## چىڭگىل ناھىيىلىك پوچتا ئىدارىسى

ئەسلىدە ئاران 2

ئادەم بار ئىدارە 47 يىل ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ ھازىرقى 40 ئادەم بار پوچتا ئىدارىسىگە ئايلاندى. ئىلگىرى پەقەت خەت - چەك كەمپىنىلا بىجىرەتتى، يىللىق كىرىمى 2000 يۈەنگىمۇ يەتمەيتتى، ھازىر ئەنئەنىۋى خەت - چەك، پوسۇلكا، پۇل پېرېۋوت كەسىپلىرى ئاساسىدا، مۇلازىمەت دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، پۇل ئامانىتى، پوچتا ماركىسى توپلاش، گۈل ئەۋەتىش، ئۈن - سىن بۇيۇملىرى ئىجارىگە بېرىش، گېزىت - ژۇرناللارنى پارچە سېتىش قاتارلىق يېڭى كەسىپلەرنى يولغا قويدى، يىللىق كىرىمى 730 مىڭ يۈەنگە، تۇراقلىق مۈلكى 10 مىليون يۈەنگە يەتتى، شەھەر - يېزىلارنىڭ ھەممە يېرىگە پوچتا ماشىنىلىرى قاتنايدىغان بولدى. ئەنئەنىۋى قول مەشغۇلاتىنىڭ ئورنىنى كومپيۇتېر مەشغۇلاتى ئىگىلىدى، گېزىت - ژۇرنال، پۇل ئامانەت، خەت - چەكلەرنىڭ ھەممىسى كومپيۇتېر ئارقىلىق باشقۇرۇلىدىغان بولدى، پوچتىنىڭ كومپيۇتېر تورى، ماددىي بۇيۇملارنى يوللاش تورى بارغانسېرى ئامما تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى. يۇقىرى دەرىجىلىك پوچتا تارماقلىرى ۋە ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، چىڭگىل ناھىيىلىك پوچتا ئىدارىسىنىڭ پارتىيە، مەمۇرىيەت، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ياشلار ئىتتىپاقى، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى قاتارلىق تۈرلۈك خىزمەتلەردىكى نەتىجىسى ئالاھىدە بولدى. بۇ ئورۇننىڭ پارتىيە ياچېيكىسى كۆپ قېتىم ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيە دەرىجىلىك «ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى» دېگەن نامغا ئېرىشتى، بۇ ئورۇن ۋىلايەت دەرىجىلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ئورۇن، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشتىكى ئىلغار ئورۇن، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتىدىكى ئىلغار تەشكىل، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ قاتارلىق شەرەپلەرگە ئېرىشتى، ئارخىپ خىزمىتى ئاپتونوم رايون بويىچە 2 - دەرىجىلىك ئۆلچەمگە يەتتى.

**پىچان ناھىيىلىك سەھىيە ئىدارىسى** يېقىنقى يىللاردىن بۇيان پىچان ناھىيىلىك سەھىيە ئىدارىسى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ۋە پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، كۆز قاراشنى يېڭىلاپ، سەھىيە ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى پائال ئىلگىرى سۈردى. نۆۋەتتە پۈتۈن ناھىيىنىڭ بازار - يېزىلىرىدا بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان سەھىيە مۇلازىمەت سىستېمىسى ئاساسەن شەكىللەندى، تېببىي داۋالاش، ساقلىق ساقلاش، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش، ساغلاملىق تەربىيىسى بېرىش، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق قاتارلىق خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلدى. پىچان ناھىيىلىك سەھىيە ئىدارىسى سەھىيە سىستېمىسىنىڭ كەسىپ ئىستىلى قۇرۇلۇشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، تېببىي دورىلارنى سېتىۋېلىش، سېتىشتىكى ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزەش ئىشىنى چىڭ تۇتتى، يولداش ۋۇ دېگيۇندىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، ناھىيە بازىرىدىكى تېببىي خادىملارنى يېزىلارغا ئەۋەتىپ مۇلازىمەت قىلدى، تۈرلۈك شەكىللەرنى قوللىنىپ تېببىي دورا خىراجىتىنىڭ تېز ئۆرلەپ كېتىشىنى تىزگىنلەپ، داۋالاش ھەققى قىممەت بولۇش مەسىلىسىنى ئەستايىدىل ھەل قىلدى.

بۇ ئىدارە 1999 - يىلى ۋىلايەت دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئۈلگىلىك ئورۇن، ناتوغرا ئىستىلنى تۈزىتىش خىزمىتىدىكى مۇنەۋۋەر ئورۇن، 3 - بەش يىللىق قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتىكى ئىلغار ئورۇن، ئارمىيە - خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىشتىكى ئىلغار ئورۇن قاتارلىق شەرەپلىك ناملارغا ئېرىشتى.

**قۇمۇل شەھەرلىك كادىرلار ئىدارىسى** 1999 - يىلى بۇ ئىدارە ئۆز قۇرۇلۇشى ۋە رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئىچكى قىسمىدا ئىش ئورنىغا نۆۋەتلىشىپ چىقىشنى يولغا قويۇپ، ئاۋانگارتلىق قۇرۇلۇشى، نامراتلارنى يۆلەش قۇرۇلۇشى، ناتوغرا ئىستىلنى تۈزىتىش قۇرۇلۇشى، ئۈلگە قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت 4 نۇقتىلىق خىزمەتنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتتى. 1 - قول رەھبەر قۇرۇلۇشنى چىڭ تۇتتى، ھەر قايسى تارماقلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقلىرى ئۆتكەلنى تۇتۇپ، ئۆز ئىشىغا مەسئۇل بولۇپ، ئىشلارنى قەتئىي ھالدا ئالاقىدار سىياسەت، بەلگىلىمە، تەرتىپ بويىچە بېجىرىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ رەھبەرلىكى، تەشكىلى، تەدبىرى بولۇشىغا ۋە ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلدى.

بۇ ئىدارە 1999 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق 44 مەمۇرىي ئورۇننىڭ خادىملىرىنى مەمۇرلۇققا ئۆتكۈزۈش خىزمىتىنى تاماملىدى، شەھەر بويىچە 298 ئورۇندىكى 8606 ئادەمنىڭ مائاشىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى توغرا بېجىردى، 219 مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇندىكى 6498 ئادەمنى يىللىق باھالاش ۋە تەكشۈرۈپ تەستىقلاش، 802 نەپەر كەسپىي تېخنىكا خادىمىنى تەكلىپ قىلىش رەسمىيىتىنى بېجىرىش خىزمىتىنى تاماملىدى، 319 خادىمنى ئوتتۇرا، ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانى ئېلىشقا كۆرسەتتى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كەسىپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بويىچە تەكلىپ قىلىندىغان ئورۇن تەسىس قىلىش، تەكلىپ قىلىش تەرتىپى، تەكلىپ قىلىش رەسمىيىتىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، كادىرلار ئىشلىرى ۋاكالەتچىلىكى، ئاقىللارنى كىرگۈزۈش ۋە مەمۇرلارنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، قۇمۇل شەھىرىنىڭ مەركىزىي خىزمىتىنى كۈچلۈك كادىرلار، ئىختىساسلىقلار كاپالىتى بىلەن تەمىنلىدى. 1997 - يىلدىن بۇيان ئىدارە ۋە شەخسلەر تۈرلۈك پاراۋانلىق ئىشلىرىغا 14 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل ئىئانە قىلدى، ئىدارە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش بويىچە 3 كەنتنى ھۆددە ئالدى، شەخسلەر 11 نامرات ئائىلىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا يار - يۆلەك بولدى. بۇ ئىدارە پارتىيە ياچېيكىسى 1994 - يىلدىن تارتىپ ئۇدا 6 يىل ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى بولۇپ باھالاندى؛ بۇ ئىدارە 1995 - يىلدىن بۇيان ئۇدا 5 يىل شەھەر بويىچە ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى؛ ئىلگىرى كۆپ قېتىم ئاساسىي قاتلامدىكى مۇنەۋۋەر پارتىيە تەشكىلى، كادىرلار ئىشلىرى سىستېمىسىدىكى ئىلغار ئورۇن، مەدەنىي ئورگان، مۇنەۋۋەر رەھبەرلىك بەنزىسى، نامراتلارنى يۆلەش، قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىشتىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

## قۇمۇل شەھەرلىك دۆلەت بېجى ئىدارىسى

بۇ ئىدارىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە 5200 كارخانا ۋە يەككە سودا - سانائەتچى بار، بۇ ئىدارە قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە %70تىن ئارتۇق دۆلەت بېجىنى يىغىش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالغان. 1994 - يىلى ئاپپاراتلار ئايرىپ تەسىس قىلىنغاندىن بۇيان، ھەر يىلى ۋەزىپىنى ئاشۇرۇپ ئورۇندىدى. 5 يىلدا جەمئىي 3 مىليون يۈەن باج يىغىپ يۇقىرىغا تاپشۇردى.

5 يىلدىن بۇيان قۇمۇل شەھەرلىك دۆلەت باج ئىدارىسى تۈرلۈك كەسپىي كۇرس ۋە رەھبەرلەرنى ئىش ئورنىغا چىقىشتىن بۇرۇن تەربىيىلەش كۇرسىدىن 28 قارار ئېچىپ، كادىرلارنىڭ كەسپىي سەۋىيىسى ۋە سىياسىي ساپاسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈردى. ھەر ئاينىڭ 30 - كۈنىنى باج خادىملىرىنىڭ «15 نى قىلماسلىق» بويىچە پاك، ئىنتىزاملىق بولۇشىنى تەكشۈرۈپ سېلىشتۇرۇش كۈنى قىلىپ بېكىتتى، مەدەنىي مۇلازىمەت قىلىش ئەھدىنامىسى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئەھدىنامىسىنى تۈزۈپ، مەدەنىي باج پونكىتى، مەدەنىي ياشلار گۇرۇپپىسى ۋە باج ئىشلىرىنى بېجىرىش بويىچە ئەڭ ياخشى مۇلازىمەت زالى بولۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، بارلىق كادىرلارنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، ئاينىپ ئۆزگىرىپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئىقتىدارىنى يەنىمۇ ئۆستۈردى، باشقىلارنىڭكىنى يەۋېلىش، ئېلىۋېلىش، قىسىۋېلىش، پارا تەلەپ قىلىش، ئۆچ ئېلىشتەك كەسپىتىكى ناتوغرا ئىستىللارنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلىدى. ئىدارە رەھبەرلىك بەنزىسى ئۇدا 5 يىل قۇمۇل ۋىلايىتى تەرىپىدىن ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىدىغان، ھەقىقىي ۋە ئەمەلىي ئىشلەيدىغان، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىدىغان ياخشى رەھبەرلىك بەنزىسى بولۇپ باھالاندى. 1997 - يىلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇن، دېگەن نام بېرىلدى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە، شۆبە ھەربىي رايون تەرىپىدىن ئارمىيە - خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش پائالىيىتىدىكى ئىلغار ئورۇن دېگەن نام بېرىلدى ھەم قۇمۇل شەھىرى بويىچە «ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى ئىلغار ئورۇن» دېگەن نامغا ئېرىشتى، ساقا مەركىزىي باج پونكىتى ۋە باج ئېلىش - باشقۇرۇش بۇغالتىرلىق بۆلۈمىگە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك «مەدەنىي ياشلار گۇرۇپپىسى» دېگەن نام بېرىلدى، باج ئىشلىرىنى بېجىرىش مۇلازىمەت زالى ۋىلايەت دەرىجىلىك ئەڭ ياخشى مۇلازىمەت زالى بولۇپ باھالاندى؛ 1995 -، 1996 -، 1997 - يىللىرى ئۇدا شەھەرلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن پاك بولۇش، ناتوغرا ئىستىلنى تۈزىتىش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن، دېگەن نام بېرىلدى؛ 1998 - يىلى تەكشۈرۈش كەچۈرۈم قىلىنىدىغان ئورۇنلار قاتارىغا كىرگۈزۈلدى؛ 1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر دۆلەت باج ئىدارىسى تەرىپىدىن ئۈچ خىزمەتتىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

## قۇمۇل شەھەرلىك مالىيە ئىدارىسى پارتىيە ياچېيكىسى

بۇ ئورۇندا 25 رەسمىي پارتىيە ئەزاسى، 2 كاندىدات پارتىيە ئەزاسى بار.

بۇ پارتىيە ياچېيكىسى ئۇزۇندىن بۇيان پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ ئىدىيىۋى ساپا تەربىيىسىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىپ، نەزەرىيە ئۆگىنىشنى باشتىن - ئاخىر ئىزچىللاشتۇردى. ئاۋانگارتلىق قۇرۇلۇشىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئىشنى پاك بولۇش، ناتوغرا ئىستىلنى تۈزىتىشتىن باشلاپ، ئىدارىنى قاتتىق باشقۇرۇپ، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق - نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى. كۈلۈمسىرەپ كۈتۈۋېلىش، ئەھۋال سوراش، ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىش، چاي قۇيۇش، ئۇزىتىش قاتارلىق مۇلازىمەت پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، مالىيە ئىدارىسىنىڭ ياخشى ئوبرازىنى تىكلەپ، ئىدارىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، ناتوغرا ئىستىلنى تۈزىتىش خىزمىتىنى كۆزنەك كەسىپلەرنىڭ ئالدىدا ماڭغۇزدى. ياچېيكىدىكى بىر بەن ئادەم «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش»نى كۆرسەتكۈچ قىلىپ، خىزمەتتە ھەمكارلىشىش ۋە بىر -

بىرىگە مەدەت بەردى، قېيىنچىلىقتا قالغانلارغا غەمخورلۇق قىلدى ۋە ياردەم بەردى، مەسىلە كۆرۈلگەندە ئۆزلىرىنى تەكشۈردى، شەرەپنى ئۆز ئارا ئۆتۈنۈشتى. ۋىلايەت بويىچە مالىيە سىستېمىسىدا كادىرلارنى قوش يۆنىلىشلىك رىقابەتلەشتۈرۈپ تەكلىپ قىلىش تۈزۈمىنى ئاۋۋال يولغا قويدى، ئىقتىدارلىقلارنى ئۆستۈرۈپ، ئىقتىدارسىزلارنى قالدۇرۇپ، كادىرلارنىڭ ئۆمۈر تاۋىقىنى پۈتۈنلەي چېقىپ تاشلاپ، مالىيە، باج كادىرلىرىنىڭ خىزمەت ئاكتىپلىقىنى زور دەرىجىدە قوزغىدى. 1997 - يىلدىن باشلاپ مالىيە كىرىمى ھەر يىلى %17لىك سۈرئەت بىلەن ئاشتى، 1999 - يىلنىڭ ئاخىرى مالىيە كىرىمى 117 مىليون يۈەنگە يېتىپ، شەھەر قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئەڭ ياخشى رېكورت يارىتىلدى. شەھەرلىك مالىيە ئىدارىسى پارتىيە ياچېيكىسىغا ئۇدا 6 يىل قۇمۇل شەھەرلىك ئىدارىلەر خىزمەت كومىتېتى تەرىپىدىن ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى ۋە مۇنەۋۋەر پارتىيە ياچېيكىسى، دېگەن نام بېرىلدى، مالىيە ئىدارىسىغا شەھەرلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئۆلگە قۇرۇلۇشى بەرپا قىلىشتىكى مەدەنىي ئورگان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار ئورۇن، ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى ئىلغار ئورۇن دېگەندەك بىر قاتار شەرەپلىك ناملارنى بەردى، 1998 - يىلى شەھەر دەرىجىلىك «مەدەنىي ئورۇن» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

## قۇمۇل شەھەرلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى

1999 - يىلى شەھەرلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى 11 تۈرلۈك قائىدە - تۈزۈم تۇرغۇزدى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى، 140 ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا قارىتا نىشانلىق باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويدى. كونكرېت خىزمەتلەردە مۇھىم نۇقتىنى تۇتۇپ، فۇنكسىيىسىنى گەۋدىلەندۈردى. مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈش سالمىقىنى زورايتىپ، نامراتلارنى يۆلەش، قېيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش فوندى جەمئىيىتى قۇرۇپ، 41 ئورۇندىكى قېيىنچىلىقى ئېغىر 528 ئائىلىنى ۋە ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئائىلىسىنى زىيارەت قىلدى، 80 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ جۇغلاپ، 50 مىڭ يۈەندىن ئارتۇقراقىنى مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈش مەبلىغى قىلىپ ئىشلەتتى؛ ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش كاپالىتى ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى، قۇمۇل شەھەرلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ خىزمەتكە تونۇشتۇرۇش ئورنى قۇردى، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆزى بازارغا كىرىش، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، ئۆز كەچۈرمىشىنى مىسال قىلىپ تەربىيە بېرىش دوكلات يىغىنىنى ئۇيۇشتۇردى، ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى كارخانا تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىش لايىھىسىنى تۈزۈش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەركىزى قۇرۇش ھەم ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇش تەرتىپىنى نازارەت قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرگە قاتناشتى؛ تەڭ دەرىجىدە كېڭىشىش ۋە كوللېكتىپ توختام ئىمزالاش تۈزۈمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈردى، شەھەر بويىچە 28 كارخانا كوللېكتىپ توختام ئىمزالاپ، توختام ئىمزالاشقا تېگىشلىك ئومۇمىي سانىنىڭ %71.6نى ئىگىلىدى؛ ئۈنۈملۈك بولغان تۈرلۈك ئەمگەك مۇسابىقىسىنى كەڭ كۆلەمدە، چوڭقۇر قانات يايدۇردى، بۇنىڭغا قاتناشقان ئادەم 10 مىڭغا، يارىتىلغان ئىقتىسادىي ئۈنۈم 1 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 1592 تۈرلۈك ئەقىلگە مۇۋاپىق تەكلىپ بېرىلىپ، بۇنىڭ 1230 تۈرى يولغا قويۇلۇپ، 7 مىليون 900 مىڭ يۈەنلىك قىممەت يارىتىلدى؛ زاۋۇت ئىشلىرى، مەكتەپ ئىشلىرىنى ئاشكارىلاش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى، شەھەردىكى بارلىق دۆلەت كارخانىلىرى، پاي تۈزۈمىدىكى كارخانىلار، كوللېكتىپ كارخانىلار ۋە شەھەرگە قاراشلىق مەكتەپلەردە بۇ خىزمەت قانات يايدۇرۇلدى؛ ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئائىلىسىنى قۇرۇش پائالىيىتى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى، نۆۋەتتە شەھەر بويىچە لاياقەتلىك ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئائىلىسى 35كە، ئىلغار ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئائىلىسى 33كە، ئۈلگىلىك ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئائىلىسى 3 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مائارىپ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئائىلىسى قۇرۇش نىسبىتى %100 بولدى.

1998 — 1999 - يىللىرى قۇمۇل شەھەرلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇمۇل شەھىرى تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر پارتىيە ياچېيكىسى، مەدەنىي ئورگان، قۇمۇل ۋىلايىتى ۋە ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى مالىيىسىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ باھا نازارەتچىلىك خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى.

## قۇمۇل شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسى

بۇ ئورۇن 1977 - يىلى قۇرۇلغان، ھازىر 102 كادىر - ساقچىسى بار، قارمىقىدا 9 كوللېگىيە، بۆلۈم، ئىشخانا ۋە 7 ئاساسىي قاتلام خەلق سوتخانىسى بار. ئابدىلىم ئابلىز مەھكىمە باشلىقى، شۆ يىڭجاۋ پارتگورۇپپىنىڭ شۇجىسى.

قۇمۇل شەھەرلىك سوت مەھكىمىسى قۇمۇل شەھىرى تەۋەسىدىكى تۈرلۈك ئەرز - شىكايەت دېلولىرىنى سوت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، ھەر يىلى قوبۇل قىلىپ قاراپ چىقىدىغان ئەرز - شىكايەت، بېجىرىدىغان دېلو تەخمىنەن 8000 غا يېتىدۇ، 6000 دىن ئارتۇق دېلونى ئاياغلاشتۇرىدۇ.

1998 - يىلى رەھبەرلىك بەنزىسى

ئەگىشەلگەندىن كېيىن، مەھكىمە پارتگورۇپپىسى شەھەرلىك پارتكومىنىڭ مەركىزىي خىزمىتىنى زىچ چۆرىدەپ، 1 - قاتاردىكى رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇش، 1 - قاتاردىكى قوشۇن بەرپا قىلىش، 1 - قاتاردىكى نەتىجە يارىتىش، 1 - قاتاردىكى ئوبراز تىكلەش مەزمۇن قىلىنغان ئىچكى قىسمىدا ساپانى كۈچەيتىش، سىرتقا قارىتا ئوبراز يارىتىشتىن ئىبارەت خىزمەت نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويدى، سوت قىلىش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلدى، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىش، قىزغىن مۇلازىمەت قىلىشتا چىڭ تۇردى، ئەدلىيىنىڭ ئادىللىقىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوغدىدى. پاكىتنى ئاساس، قانۇننى ئۆلچەم قىلىپ، زور بىر تۈركۈم ئەرز - شىكايەت دېلولىرىنى قانۇن بويىچە، ۋاقتىدا، توغرا سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇردى، جىنايەتچىلەرگە زەربە بېرىپ، جەمئىيەت، ئىقتىساد، تۇرمۇشتىكى تۈرلۈك زىددىيەتلەرنى ئۈنۈملۈك مۇرەسسە قىلىپ، قۇمۇل شەھىرىنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ۋە ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىنى ئەلا، يۇقىرى ئۈنۈملۈك قانۇن كاپالىتى ۋە مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىدى. يېقىنقى 3 يىلدىن بۇيان شەھەرلىك سوت مەھكىمىسىگە قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم، شەھەرلىك پارتكوم، ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى ۋىلايەت دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇن، مۇنەۋۋەر خەلق سوت مەھكىمىسى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتىدىكى ئۈلگىلىك ئورۇن، شەھەر دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇن، ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن، مەدەنىي ئورگان، ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى نەمۇنىلىك ئورۇن، بىخەتەر، مەدەنىي ئورۇن، پىلانلىق تۇغۇتتىكى ئىلغار ئورۇن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئۈلگىلىك ئورۇن قاتارلىق شەرەپلىكناملارنى بەردى. 1999 - يىلى سەنداۋلىق سوتخانىسىغا ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن «مۇنەۋۋەر خەلق سوتخانىسى» دېگەن نام بېرىلدى ھەم كوللېكتىپ 2 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، دەپ ئەنگە ئېلىندى؛ شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسى پارتىيە ياچېيكىسى شەھەرگە بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلار خىزمەت كومىتېتى تەرىپىدىن ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى بولۇپ باھالاندى. شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسى 2000 - يىل 5 - ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئارخىپ باشقۇرۇشتىكى 1 - دەرىجىلىك ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

### قۇمۇل شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى

بۇ ئىدارە ئىدارە پارتكومىنىڭ رەھبەرلىكىدە بەنزىسىنى تۈزۈش، قوشۇننى يېتەكلەش، خىزمەتنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئامانلىقنى كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت تۆپ تەسەۋۋۇر بويىچە ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، ساقچىلارنى قاتتىق باشقۇرۇپ، ج خ قوشۇنىنىڭ مۇنتىزىملىشىش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى. 1999 - يىلى قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىشنى مۇھىم نۇقتا، ئاممىنى رازى قىلىشنى ئۆلچەم، قوشۇن قۇرۇلۇشىنى ئاساس، مۇقىملىقنا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى نىشان قىلىپ، قېلىپلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى يىلى پائالىيىتىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، ج خ كەسپىنىڭ قېلىپلىشىش قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، قۇمۇل شەھىرىنىڭ سىياسىي مۇقىملىقى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىنى كاپالەتلەندۈرۈپ، ج خ ئورگىنى ۋە خەلقنىڭ ياخشى ئوبرازىنى تىكلىدى.

1995 - يىلدىن 1999 - يىلغىچە ئۇدا 5 يىل قۇمۇل شەھەرلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ، ناتوغرا ئىستىلنى تۈزىتىش خىزمىتىدىكى مۇنەۋۋەر ئورۇن، 1996 - يىلى قۇمۇل ۋىلايىتى تەرىپىدىن ناتوغرا ئىستىلنى تۈزىتىش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى، 1995 - يىلدىن 1998 - يىلغىچە ئۇدا 4 يىل ئىدارە پارتكومىغا شەھەرلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر رەھبەرلىك بەنزىسى دەپ نام بېرىلدى. 1997 - يىلى مۇنەۋۋەر پارتكوم بولۇپ باھالاندى ھەم مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ج خ ئىدارىلىرى قاتارىغا كىردى، 1998 - يىلى شەھەرلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن شەھەر بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ ۋە پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى، 1998 -، 1999 - يىللىرى ئۇدا 2 يىل شەھەرلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى بۇ ئىدارىگە ئۈلگە قۇرۇلۇشى بەرپا قىلىشتىكى مەدەنىي ئورگان دەپ نام بەردى، شۇنداقلا بۇ ئىدارە ئۇدا 2 يىل ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر ج خ ئىدارىسى دېگەن نامغا ئېرىشتى.

### قۇمۇل شەھەرلىك ئالتۇن كانى

بۇ كان 1988 - يىلى قۇرۇلۇشقا باشلىغان، قەرز ئېلىنغان 45 مىڭ يۈەن پۇلغا ۋە ئۆزىگە تايىنىپ، جاپالىق كۈرەش قىلىپ، تېز تەرەققىي قىلدى. 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرى ئىشچى - خىزمەتچىسى 545كە، مال - مۈلكى 150 مىليون يۈەنگە، دۆلەت ئۈچۈن ياراتقان پايدا - بېجى 92 مىليون 685 مىڭ يۈەنگە، يۇقىرىغا تاپشۇرغان ۋە ساتقان ئالتۇنى 139 مىڭ 33.751 سەرگە يەتتى. 1998 -، 1999 - يىللىرى ئۇدا 2 يىل ئىقتىسادىي ئۈنۈمى شىنجاڭ بويىچە ئوخشاش كەسىپتىكىلەرنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، كارخانىنىڭ گۈرۈلىنىشىشقا قاراپ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ئاساس سالدى ۋە شىنجاڭدىكى ئالتۇن كانلار ئىچىدە 1 - ئورۇندا تۇرىدىغان كان دەپ ئاتالدى، 1999 - يىلى ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى مەملىكەت بويىچە 13 - ئورۇنغا ئۆتتى. بۇ كان ئالتۇننى ئاساس قىلىش، ھەر تەرەپلىمە

تەرەققىي قىلىش، ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىش، مۇقىملىق ئىچىدە ئالغا ئىنتىلىشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك فاڭجېننىڭ يېتەكچىلىكىدە، باشقا كەسىپلەرنىڭ پائال، مۇقىم تەرەققىي قىلدۇردى، بىرلىشىش، قوشۇۋېلىش، تۆۋەن تەننەرختە كېڭەيتىش يولىدا مېڭىپ، ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى ۋە ھۈنەر - سەنئىتىنى كىرگۈزدى ۋە قوبۇل قىلدى. 1993 - يىلى قۇمۇل شەھەرلىك ۋولفىرام كانىنى قوشۇۋالدى. 1994 - يىلى تولۇق يېپىشقاقلىق كاربون سىئانىد قىيامى ھۈنەر - سەنئىتىنى كىرگۈزۈپ، ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنى 25 توننا - كۈندىن 50 توننا - كۈنگە يەتكۈزدى. 1995 -، 1996 - يىللىرى ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنى 600 توننا - كۈنگە كېڭەيتتى. 1997 - يىلى قۇمۇل شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتىنى قوشۇۋېلىپ، قۇمۇل شەھەرلىك ئالتۇن كان ماشىنىسازلىق زاۋۇتى قۇردى، شۇ يىل ئاخىرىدا مۇستەقىل مەبلەغ سېلىپ، يىللىق مەھسۇلاتى 150 مىڭ توننىلىق سادۇڭزى كۆمۈر كېنى ئاچتى ھەم 10 مىليون يۈەن پاي قوشۇپ شىنجاڭ پولات - تۆمۈر (گۇرۇھى) چەكلىك شىركىتى بىلەن بىرلىشىپ يىللىق مەھسۇلاتى 300 مىڭ توننىلىق «تيەنباۋ» تاللاپ كۆيدۈرۈش زاۋۇتى قۇردى. 1998 - يىلى 15 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، بەدەن چېنىقتۇرۇش ۋە كۆڭۈل ئېچىش بىرگەۋدە قىلىنغان قۇمۇل شەھەرلىك «تيەنباۋ» كۆڭۈل ئېچىش مەركىزىنى قۇردى، ئاخىرقى رۇدىنى 2 قېتىم سوزۇپ ئادىيورپىسىيەلەش ھۈنەر - سەنئىتى ۋە IPSE تولۇق يېسىلىق جۇغلانما توك بىلەن پارچىلاش ھۈنەر - سەنئىتى قاتارلىق مەملىكەت ئىچىدىكى ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى ۋە ھۈنەر - سەنئىتىنى بىر - بىرلەپ كىرگۈزدى. 1999 - يىلى قۇمۇل شەھەرلىك قۇيمىچىلىق زاۋۇتى ۋە قۇمۇل «خېيفېڭشەن» كانچىلىق تەرەققىيات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنى قوشۇۋېلىپ كارخانىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى.

1997 - يىلى قۇمۇل شەھەرلىك ئالتۇن كانى ش ئۇ ئا ر ئالتۇن ئىدارىسى تەرىپىدىن ئالتۇن باشقۇرۇش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە تۆمەن سەر ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانا بولۇپ باھالاندى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېجۈەن 1997 - يىل 6 - ئايدا بۇ كانىنى كۆزدىن كەچۈرگەندە «چۆل - باياۋاندىكى ئەلا ياخشى باشقۇرۇلغان كارخانا» دەپ بېغىشلىما يېزىپ بەردى. 1998 - يىلى ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن ئۈلگىلىك ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئائىلىسى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر تەنتەربىيىسى بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى، ش ئۇ ئا ر ئالتۇن ئىدارىسى تەرىپىدىن ئاپتونوم رايون بويىچە ئالتۇن كەسپىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالىنىپ، تونۇشلۇق ئالتۇن كانلار قاتارىغا كىردى. 1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر يەرلىك باج ئىدارىسى تەرىپىدىن ئۈلگىلىك باج تاپشۇرغۇچى ئورۇن، ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى تەرىپىدىن ھەممەيلەن ئەمگەك ۋە مۇلازىمەت قىلىدىغان كارخانا، ش ئۇ ئا ر ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ئىشخانىسى تەرىپىدىن ئىقتىسادىي ھەمكارلىق خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن، قۇمۇل شەھىرى بويىچە پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ئورۇن ۋە ۋىلايەت، شەھەر بويىچە ئىلغار ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى بولۇپ باھالاندى.

**باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى** 1993 - يىلدىن بۇيان، يېڭى بىر نۆۋەتلىك سوت مەھكىمىسى رەھبەرلىك بەنزىسى ئىدىيەدە ئازاد بولۇپ، يۈرەكلىك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، ئىلمىي باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، خىزمەتلەرنى تېز تەرەققىي قىلدۇردى. مەھكىمە بويىچە بېجىرىلگەن دېلو سانى 1993 - يىلدىكى 473 تىن 1999 - يىلى 987گە يەتتى. 7 يىلدا جەمئىي 4036 دېلوني بېجىردى. ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن 2 قېتىم كوللېكتىپ 2 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، دەپ ئەنگە ئېلىندى؛ 1999 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق، ۋىلايەتلىك 2 دەرىجىلىك سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن «خەلقنى رازى قىلغان ياخشى سوت مەھكىمىسى» دەپ شەرەپلىك نام بېرىلدى، 2 ئادەم ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن 2 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، دەپ ئەنگە ئېلىندى، بىر ئادەم ئاپتونوم رايون بويىچە «مۇنەۋۋەر سودىيە» دېگەن نامغا ئېرىشتى. 3 كوللېكتىپ، 19 ئادەم قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، دەپ ئەنگە ئېلىندى ھەم ئومۇمىي بۇيرۇق ئارقىلىق تەقدىرلەندى، 5 ئادەم ۋىلايەتلىك سوت مەھكىمىسى سىستېمىسى بويىچە مۇنەۋۋەر سودىيە بولۇپ باھالاندى. 1997 - يىلى باركۆل ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ، دەپ نام بەردى، مەھكىمە پارتىيە ياچېيكىسى كۆپ قېتىم ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى، پېشقەدەم كادىرلار خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلگەن ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى، 1997 - يىلى ناھىيىلىك پارتكوم تەرىپىدىن «قىزىل بايراقدار پارتىيە ياچېيكىسى» دەپ نام بېرىلدى.

# شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى

## شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ مەسئۇللىرى

پارتكومىنىڭ 1 - شۇجىسى: ۋاڭ لېچۈەن.

شۇجىسى: ۋاڭ چۈەنيۇ (10 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى)، چېن دېمىن (10 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

مۇئاۋىن شۇجىسى: جاڭ ۋېنيۇ (10 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى)، جاڭ چىڭلى (10 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى: ۋاڭ لېچۈەن، ۋاڭ چۈەنيۇ (10 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى)، چېن دېمىن (10 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، جاڭ ۋېنيۇ (10 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى)، جاڭ چىڭلى (10 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، فاڭ دېڭخۇا، جاڭ لىبو (9 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى)، چېن جۇڭ (9 - ئايدا پارتىيىدىن چىقىرىلدى)، بوتاي كۆپەن (قازاق، 8 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى)، جۇ جيەنفەن، خۇ جاۋجاڭ، ۋاڭ گۇيجېن، كاڭ كېجيەن، ۋاڭ جيەنجېن، مەمتىمىن ئابدۇرېھىم، خۇا شىفېي، جاڭ شەن (ئايال)، خۇا شى.

قوماندان: جاڭ ۋېنيۇ (11 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى)، جاڭ چىڭلى (11 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

1 - سىياسىي كومىسسار: ۋاڭ لېچۈەن (قوشۇمچە).

سىياسىي كومىسسارى: ۋاڭ چۈەنيۇ (11 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى، چېن دېمىن (11 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

مۇئاۋىن قوماندانلار: فاڭ دېڭخۇا، چېن جۇڭ (11 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاندى)، بوتاي كۆپەن (قازاق، 5 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى)، جۇ جيەنفەن، خۇ جاۋجاڭ، كاڭ كېجيەن، ۋاڭ جيەنجېن، خۇا شى (5 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: جاڭ لىبو (9 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى)، ۋاڭ گۇيجېن، مەمتىمىن ئابدۇرېھىم.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى بىڭتۇەن شۆبە مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: سۇن شۈجى (رۇس).

مۇئاۋىن باشلىقلىرى: يۈ يۈتاڭ، ۋاڭ دۇڭچاڭ، ئىسمائىل قۇربان، لى چياڭ.

بىڭتۇەن خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: لۇ ۋېندې.

مۇئاۋىن باش تەپتىشلىرى: ئوراز غالى (قازاق)، چاڭ جيەنگو، گاۋ جىلياڭ.

### ئومۇمىي ئەھۋالى

1999 - يىلى بىڭتۇەن بويىچە تۇغۇلغان بوۋاق 20 مىڭ 600 بولۇپ، تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰8.5؛ ئۆلگەن ئادەم 9716 بولۇپ، ئۆلۈش نىسبىتى ‰4؛ نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰4.5 بولدى. يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇس 2 مىليون 420 مىڭ 900 گە يەتتى.

يىل ئاخىرىدا ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 754 مىڭ 400 بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 42 مىڭ 900 ئادەم ئازايدى، ئازىيىش نىسبىتى %5.4 بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئورۇنلىرىنىڭ ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلىرى 739 مىڭ 500 بولۇپ، %5 ئازايدى. يىل ئاخىرىدىكى ئۆز ئورنىدىن ئايرىلغان، ئەمما ئەمگەك مۇناسىۋىتىنى يەنىلا ساقلاپ قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر 94 مىڭ 200. شەھەر - بازارلاردا تىزىملانغان ئىشسىزلار نىسبىتى %1.9.

1999 - يىلى بىڭتۇەننىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 16 مىليارد 36 مىليون يۈەن بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن %7.5 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 6 مىليارد 6 مىليون يۈەن بولۇپ، %0.8 ئاشتى؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 4 مىليارد 509 مىليون يۈەن بولۇپ، %15.8 ئاشتى؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 5 مىليارد 521 مىليون يۈەن بولۇپ، %10.3 ئاشتى. ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى %37.5، 2 - كەسىپنىڭ %28.1، 3 - كەسىپنىڭ %34.4 بولدى.

1. يېزا ئىگىلىكى - دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىقنىڭ قوشۇلما قىممىتى 6 مىليارد 6

مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %0.8 ئاشتى. دېھقانچىلىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 12 مىليار 206 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %5.1 ئاشتى.

تېرىقچىلىق    دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى 914 مىڭ 700 گېكتارغا يېتىپ، %2.5 كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق زىرائەتلىرى تېرىلغۇ كۆلىمى 243 مىڭ 800 گېكتار بولۇپ، %8.5 كېمەيدى؛ كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى 381 مىڭ 400 گېكتارغا يېتىپ، %5.2 ئاشتى، ياغلىق دان تېرىلغۇ كۆلىمى 101 مىڭ 600 گېكتارغا يېتىپ %41.2 ئاشتى؛ قىزىلچا تېرىلغۇ كۆلىمى 37 مىڭ 900 گېكتار بولۇپ، %25.2 كېمەيدى.

ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى    ئاشلىق بىلەن قىزىلچا مەھسۇلات مىقدارىنىڭ پىلان بويىچە تەڭشەپ كېمەيتىلگەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كېۋەز قاتارلىق ئاساسلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى داۋاملىق ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە پاختا، ياغلىق دان، گۆش، تۇخۇم، سۈت مەھسۇلاتلىرى جەھەتتە يەنە تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى رېكورت يارىتىلدى؛ پاختا كىشى بېشىغا 254 كىلوگىرامدىن توغرا كېلىپ مەملىكەت بويىچە يەنىلا ئالدىنقى ئورۇننى ئىگىلىدى. پۈتۈن يىللىق ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 1 مىليون 334 مىڭ 700 توننا بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن %3.2 كېمەيدى؛ پاختا 612 مىڭ 300 توننىغا يېتىپ، %2.6، ياغلىق دان ئومۇمىي مەھسۇلاتى 178 مىڭ 200 توننىغا يېتىپ، %43.4 ئاشتى؛ قىزىلچا 1 مىليون 604 مىڭ 500 توننا بولۇپ، %29.5 كېمەيدى.

ئورمانچىلىق    1999 - يىلى ئورمان بەرپا قىلىنغان كۆلەم 11 مىڭ 500 گېكتارغا يېتىپ، %7.1 كۆپەيدى.

چارۋىچىلىق    يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا 4 مىليون 581 مىڭ 800 تۇياققا يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %9.9 ئاشتى؛ گۆش 110 مىڭ 500 توننىغا يېتىپ، %17.4 ئاشتى؛ قوي يۇڭى 9200 توننىغا يېتىپ، %6.8 ئاشتى؛ سۈت 83 مىڭ 900 توننىغا يېتىپ، %3.5 ئاشتى؛ تۇخۇم 26 مىڭ 900 توننىغا يېتىپ، %11.5 ئاشتى.

بېلىقچىلىق    پۈتۈن يىللىق سۇ مەھسۇلاتلىرى 12 مىڭ توننىغا يېتىپ، %6.8 ئاشتى.

يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش    بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي قۇۋۋىتى 1 مىليون 694 مىڭ 600 كىلوۋاتقا يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %5.4 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان سۇ چىقىرىۋېتىش - سۇغىرىش ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى 247 مىڭ 100 كىلوۋاتقا يېتىپ، %10.90 ئاشتى. يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان چوڭ - ئوتتۇرا تراكتور 16 مىڭ 400گە يېتىپ، %12.7؛ كىچىك تراكتور ۋە قول تراكتورى 20 مىڭ 700 گە يېتىپ، %0.9؛ يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان يۈك ئاپتوموبىلى 2042 گە يېتىپ، %26.4 ئاشتى؛ خىمىيىۋى ئوغۇتنىڭ ئىشلىتىلىش مىقدارى (ساپ ئوغۇت ھېسابىدا) 272 مىڭ 300 توننا بولۇپ، %7.9 كېمەيدى؛ دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا ئىشلىتىلگەن توك 1 مىليارد 43 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، %0.2 ئاشتى.

بىڭتۇەنگە قاراشلىق شىنجاڭ ھەممىباب ئاۋىئاتسىيە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ 31 دانە ئايروپىلانى مۇشۇ بىر يىلدا 5108 سائەت ئۇچۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن %15 ئاز ئۇچتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق ئىشلىرى ئۈچۈن ئۇچقىنى 3234 سائەت بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن %18.8 ئاز بولدى. ئايروپىلانلار 12 مىڭ 800 قېتىم ئۇچۇپ - قوندى؛ مەشغۇلات كۆلىمى 265 مىڭ گېكتارغا يەتتى.

سۇچىلىق    1999 - يىلى سۇچىلىق - سۇ ئېلېكتر قۇرۇلۇشىغا 1 مىليارد 618 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 3074.7 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئۆلچەملىك ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى؛ يېڭىدىن 916 دانە ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، بۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ سۇ كۆپەيتىش، تېجەش ئىقتىدارى 563 مىليون كۇب مېتىرغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە كۆپەيتىش ئىقتىدارى 298 مىليون كۇب مېتىر، تېجەش ئىقتىدارى 265 مىليون كۇب مېتىر. دەريا سۈيىدىن پايدىلىنىلغىنى 6 مىليارد 880 مىليون كۇب مېتىر، سۇ ئامبارلىرى سۈيىدىن پايدىلىنىلغىنى 3 مىليارد 690 مىليون كۇب مېتىر، يەر ئاستى سۈيىدىن پايدىلىنىلغىنى 1 مىليارد 80 مىليون كۇب مېتىر، جەمئىي پايدىلىنىلغان سۇ 11 مىليارد 650 مىليون كۇب مېتىر بولدى؛ بۇ سۇلار بىلەن ئەمەلىي سۇغىرىلغان يەر كۆلىمى 962 مىڭ 200 گېكتار بولدى، يىل ئاخىرىدىكى ئۈنۈملۈك سۇغىرىلغان يەر كۆلىمى 985 مىڭ 900 گېكتارغا يېتىپ، %3.8 ئاشتى.

2. سانائەت    سانائەتنىڭ يىللىق قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 837 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %10.8 ئاشتى. جەمئىيەت بويىچە سانائەتنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 9 مىليارد 93 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %9 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە: يېنىك سانائەتنىڭ 6 مىليارد 22 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %13 ئاشتى، ئېغىر سانائەتنىڭ 3 مىليارد 71 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %1.4 ئاشتى؛ دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 7 مىليارد 63 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %6.3 ئاشتى؛ كوللېكتىپ كارخانىلارنىڭ 534

مىليون يۈەنگە يېتىپ، %30.5 ئاشتى؛ ئىقتىساد تېپىدىكى باشقا ساناۋەتلەرنىڭ 1 مىليارد 496 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %16.5 ئاشتى.

ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرى   كۆمۈر 3 مىليون 578 مىڭ 700 توننىغا يېتىپ، %6.5 ئاشتى؛ توك 1 مىليارد 699 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، %8.3 ئاشتى؛ يىپ 110 مىڭ 700 توننىغا يېتىپ، %38.8 ئاشتى؛ رەخت 113 مىليون مېتىرغا يېتىپ، %6.4 ئاشتى؛ شېكەر 192 مىڭ 300 توننا بولۇپ، %4.9 كېمەيدى؛ كونسېرۋا 64 مىڭ 100 توننىغا يېتىپ، %9.2 ئاشتى؛ ساپ پاختا 612 مىڭ 900 توننىغا يېتىپ، %10.5 ئاشتى؛ ئېچىملىك - هاراق 50 مىڭ 500 توننىغا يېتىپ، %8.7 ئاشتى؛ كىيىم - كېچەك 3 مىليون 420 مىڭ 500گە يېتىپ، %48.6 ئاشتى؛ يۇڭ يىپ 432 توننا بولۇپ، %28.1 كېمەيدى؛ بۇغداي ئۇنى 235 مىڭ 600 توننىغا يېتىپ، %7.8 ئاشتى؛ سۇ يېغى 175 مىڭ 100 توننىغا يېتىپ، %48.1 ئاشتى؛ ئارىلاشما بوغۇز 205 مىڭ توننىغا يېتىپ، %16.6 ئاشتى؛ فابرىكا قەغىزى 36 مىڭ توننا بولۇپ، %22.1 كېمەيدى؛ سۇلياۋ ياسالمىلىرى 47 مىڭ 600 توننا بولۇپ، %7.7 كېمەيدى؛ سېمونت 1 مىليون 586 مىڭ 100 توننىغا يېتىپ، %2.2 ئاشتى؛ خىش 1 مىليارد 791 مىليون دانىگە يېتىپ، %13.2 ئاشتى.

يېزا - بازار كارخانىلىرى   1999 - يىلى يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 804 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %9.5 ئاشتى؛ ئۇلارنىڭ تىجارەت كىرىمى 2 مىليارد 946 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %15.4 ئاشتى؛ قوشۇلما قىممىتى 806 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %14.9 ئاشتى؛ پايدىسى 152 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %8.9 ئاشتى؛ باج سوممىسى 168 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %3.6 ئاشتى.

3. قاتناش - ترانسپورت   1999 - يىلى 42 مىليون 129 مىڭ يولۇچى توشۇلۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن %10.2 ئاشتى؛ يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 2 مىليارد 41 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا يېتىپ، %2.9 ئاشتى؛ توشۇلغان يۈك 44 مىليون 750 مىڭ توننىغا يېتىپ، %17.2 ئاشتى، يۈك ئوبوروت مىقدارى 3 مىليارد 99 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يېتىپ، %0.4 ئاشتى. خەلق ئاپتوموبىلى 30 مىڭ 347 دانىگە يېتىپ، %3.3 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە: يولۇچىلار ئاپتوموبىلى 11 مىڭ 856، يۈك ئاپتوموبىلى 15 مىڭ 789 بولۇپ، %3.1 ئاشتى.

يەككە ترانسپورت كەسپىدە توشۇلغان يولۇچى 29 مىليون 279 مىڭغا يېتىپ، %16.9 ئاشتى. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 1 مىليارد 179 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا يېتىپ، %16.7 ئاشتى، توشۇلغان يۈك 27 مىليون 879 مىڭ توننىغا يېتىپ، %21.8 ئاشتى، يۈك ئوبوروت مىقدارى 1 مىليارد 917 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يېتىپ، %10.2 ئاشتى. ترانسپورت بازارلىرىدا يەككە ترانسپورتنىڭ ئىگىلىگەن سالمىقى تەدرىجىي ئاشتى. ئۇلارنىڭ يولۇچى ئوبوروت مىقدارى بىڭتۇەن بويىچە %57.8نى ئىگىلەپ، 6.9 پىرسەنت پونكىتى؛ يۈك ئوبوروت مىقدارى %61.9نى ئىگىلەپ، 4.8 پىرسەنت پونكىتى ئاشتى.

4. تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش ئەھۋالى ۋە بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئىشلىرى   بىڭتۇەن بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 5 مىليارد 950 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %13.6 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئورۇنلىرىنىڭ سالغىنى 5 مىليارد 480 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %14.9 ئاشتى. دۆلەت ئورۇنلىرىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سالغىنى 3 مىليارد 930 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %50 ئاشتى؛ يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سالغىنى 1 مىليارد 340 مىليون يۈەن بولۇپ، %30.9 كېمەيدى؛ ئۆي - زېمىنغا سالغىنى 120 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %86 ئاشتى. كوللېكتىپ ئورۇنلارنىڭ سالغان مەبلىغى 11 مىليون يۈەن بولۇپ، %30.4 كېمەيدى. شەھەر - يېزىلاردىكى شەخسلەرنىڭ سالغان مەبلىغى 274 مىليون يۈەن بولۇپ، %30.5 كېمەيدى. باشقا ئىگىلىك تۈرىدىكىلەرنىڭ سالغان مەبلىغى 186 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %205.7 ئاشتى.

نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلدى. بىڭتۇەننىڭ پىلان بويىچە ئورۇنلاشتۇرغان پاختا بازىسى، قىزىلچا بازىسى، يېزا ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىش، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانلىرىدىكى دېھقان - چارۋىچى ئىشچىلارنىڭ خەتەرلىك ئۆيلىرىنى يېڭىلاش قۇرۇلۇشى، تاشيول قۇرۇلۇشى قاتارلىق بىر تۈركۈم نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلىرى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر يېزا ئىگىلىكىدە سۇ، تۇپراقنى ئېچىش، ئېتىز - ئېرىق سۇغىرىش تۈرلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇشقا ئىنتايىن كۆڭۈل بولدى: يېزا ئىگىلىك 1 - شىسىنىڭ شىمالىي تارىم 2 - غول ئۆستىڭى، شىنجىڭزا سۇ ئامبىرىنى مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشى، يېزا ئىگىلىك 2 - شىسىنىڭ ئېرىق - ئۆستەڭ قوش مۇداپىئە قۇرۇلۇشى، تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى سۇغىرىش رايونلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى، يېزا ئىگىلىك 3 - شىسىنىڭ سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى، يېزا ئىگىلىك 4 - شىسىنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە سۇ، تۇپراقنى ئېچىش تۈرى، يېزا ئىگىلىك 5 -

شىسىنىڭ يۇركۈپ سۇغىرىش تورى، يېزا ئىگىلىك 6 - شىسىنىڭ سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى، يېزا ئىگىلىك 7 - شىسىنىڭ چېپەيزە سۇ ئامبىرىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى، گۇرت كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش تومىسى، يېزا ئىگىلىك 8 - شىسىنىڭ تېمىتىپ سۇغىرىش تورى، باياڭغول دەرياسى سۇچىلىق قۇرۇلۇشى، يېزا ئىگىلىك 9 - شىسىنىڭ مۇخبىتەي سۇ، تۇپراقنى ئېچىش قۇرۇلۇشى، يېزا ئىگىلىك 10 - شىسىنىڭ نەنكەي سۇ سىستېمىسى قۇرۇلۇشى قاتارلىق تۈرلەردە قۇرۇلۇش سالمىقى زورايتىلدى، مەبلەغ ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. بىڭتۇەن بويىچە يېزا ئىگىلىك سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 650 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، مۇشۇ بىر يىلدا 26 مىڭ 200 گېكتار بوزيەر ۋە تاشلاندۇق يەر ئۆزلەشتۈرۈلدى. 748 كىلومېتىر ئېرىق - ئۆستەڭ، 1899 كىلومېتىر زەيكەش يېڭىدىن چېپىلدى، 2010 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى.

كەسىپلەرنىڭ سېلىنما قۇرۇلمىسى مۇۋاپىقلىشىشقا يۈزلەندى، 1 -، 3 - كەسىپلەرنىڭ سېلىنما كۆلىمى ئاشتى. 1 - كەسىپنىڭ سېلىنمىسى 1 مىليارد 620 مىليون يۈەن بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن %20 كېمىيىپ، تۇراقلىق مۈلۈك سېلىنمىسىنىڭ %27.2نى؛ 2 - كەسىپنىڭ سېلىنمىسى 1 مىليارد 80 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %22.8 ئېشىپ، %18.2نى، 3 - كەسىپنىڭ سېلىنمىسى 3 مىليارد 250 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %39.2 ئېشىپ، %54.6نى ئىگىلىدى.

نۇقتىلىق قۇرۇلۇش مەبلىغىنىڭ ئايلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش جەھەتتە، مەبلەغنى كۆپ تەرەپلىمە توپلاش، كارخانىلار ئۆزلىرى توپلاش يەنىلا مەبلەغ سېلىشنىڭ ئاساسلىق يولى قىلىندى.

1999 - يىلى تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىشتا ئەمەلىيلەشكەن مەبلەغ 5 مىليارد 880 مىليون يۈەن بولۇپ، مەبلەغنىڭ ئەمەلىيلىشىش نىسبىتى %98.8 بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە، دۆلەتنىڭ خام چوتى ئىچىدىكى مەبلەغ 600 مىليون يۈەن، دۆلەت ئىچىدىن ئېلىنغان قەرز 790 مىليون يۈەن، ئۆزلىرى توپلىغان مەبلەغ 2 مىليارد 560 مىليون يۈەن، باشقا مەبلەغ 1 مىليارد 930 مىليون يۈەن.

مۇشۇ بىر يىلدا بىناكارلىق - قۇرۇلۇشنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 672 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %28.4 ئاشتى؛ بىناكارلىق - قۇرۇلۇشنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليارد 260 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %17.4 ئاشتى. دۆلەت ئورۇنلىرىنىڭ بىناكارلىق - قۇرۇلۇش مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليارد 140 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %20.6 ئاشتى. ئۆي - ئىمارەت قۇرۇلۇشى قىلىنىۋاتقان كۆلىمى 6 مىليون 985 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، 1 مىليون 639 مىڭ كۋادرات مېتىر كۆپىيىپ، %30.7 ئاشتى، مۇشۇ يىلى يېڭىدىن ئىش باشلانغان كۆلىمى 5 مىليون 228 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، 1 مىليون 510 مىڭ كۋادرات مېتىر كۆپىيىپ، %40.7 ئاشتى. پۈتكەن قۇرۇلۇش كۆلىمى 5 مىليون 314 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، %54.1 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە پۈتكەن تۇرالغۇ جاي قۇرۇلۇش كۆلىمى 4 مىليون 313 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، %107.5 ئاشتى. ھۆددىگەر ئورۇنلارنىڭ قىلىنىۋاتقان قۇرۇلۇش سانى 1998 - يىلدىكىدىن 173ى كۆپ بولۇپ، %12.7 ئاشتى. خېرىدار بولۇپ ھۆددىگە ئېلىش نىسبىتى %25.4كە يېتىپ، 5.2 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىدى. پۈتكەن قۇرۇلۇشنىڭ مەھسۇلات قىممىتى ئاشتى، قۇرۇلۇش سۈپىتىنىڭ ئەلا بولۇش نىسبىتى ۋە ئۈنۈمى يۇقىرىلىدى. 1999 - يىلى 5003 قۇرۇلۇش پۈتۈپ، %6.1 ئاشتى، پۈتكەن قۇرۇلۇشنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليارد 270 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %27.9 ئاشتى، ئەلا قۇرۇلۇش كۆلىمى 1 مىليون 284 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى. قۇرۇلۇشنىڭ پۈتۈش نىسبىتى %76.1، قۇرۇلۇش سۈپىتىنىڭ ئەلا بولۇش نىسبىتى %18.4 بولدى.

5. سودا، تاشقى سودا ۋە چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش ئەھۋالى پۈتۈن ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 4 مىليارد 989 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %8.2 ئاشتى؛ باھا ئامىلىنى نەزەردە تۇتقاندا، ئەمەلىي ئاشقىنى %12.5 بولدى. كەسىپلەر بويىچە ئايرىغاندا، توپ ۋە پارچە سېتىش سودىسىنىڭ 2 مىليارد 790 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %15.1 ئاشتى؛ يېمەك - ئىچمەك كەسپىنىڭ 443 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %28.3 ئاشتى؛ ياساش كەسپىنىڭ 560 مىليون يۈەن بولۇپ، %4.5 كېمەيدى؛ يېزا ئىگىلىكىدىكى ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 840 مىليون يۈەن بولۇپ، %10.3 كېمەيدى؛ باشقا كەسىپلەرنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 356 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %12.4 ئاشتى. بىڭتۇەن بويىچە توپ سېتىش - پارچە سېتىش سودىسىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 17 مىليارد 505 مىليون يۈەن بولۇپ، %10.4 كېمەيدى. توپ سېتىش - پارچە سېتىش كەسىپلىرىدىكى نورمىدىن ئارتۇق تاۋار سېتىۋېلىنغان سومما 11 مىليارد 40 مىليون يۈەن بولۇپ، %33.2 كېمەيدى. ئىسكىلاتتىكى قالدۇق تاۋار سوممىسى 3 مىليارد 994 مىليون يۈەن بولۇپ، %33.7 كېمەيدى.

ماددىي ئەشيا ئوبوروت قىلىدىغان كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى سېتىۋېلىش سوممىسى 1 مىليارد

225 مىليون يۈەن بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن %18.7 كېمەيدى؛ سېتىش سوممىسى 1 مىليارد 298 مىليون يۈەن بولۇپ، %20.9 كېمەيدى؛ تەمىنات - سودا ھەمكارلىق كارخانىلىرىنىڭ سېتىۋېلىش سوممىسى 6 مىليارد 710 مىليون يۈەن بولۇپ، %43.4 كېمەيدى. سېتىش سوممىسى 7 مىليارد 960 مىليون يۈەن بولۇپ، %23.2 كېمەيدى.

بازارلاردىكى مال باھاسى داۋاملىق تۆۋەن خانە بويىچە ئايلاندى. 1999 - يىلى تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى 1998 - يىلدىكىدىن %3.8 تۆۋەنلىدى، ئاھالىلەرنىڭ ئىستېمال باھاسى %2.6 تۆۋەنلىدى، مال باھاسى سەۋىيىسى ئۇدا 14 ئاي مەنپىي ئۆسۈش سەۋىيىسىدە بولۇپ، 20 يىلدىن بۇيانقى ئەڭ تۆۋەن سەۋىيىگە يېقىنلاشتى. يېمەكلىكلەرنىڭ ئىستېمال باھاسى %6.8 تۆۋەنلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق باھاسى %5.5، ياغنىڭ باھاسى %3.6، گۆش قۇشلىرى ۋە ئۇنىڭدىن ياسالغان مەھسۇلاتلار باھاسى %10.2، تۇخۇمنىڭ باھاسى %13.9، سۇ مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى %13.4، يېڭى كۆكتات باھاسى %10 تۆۋەنلىدى. سانائەت ئىستېمال بۇيۇملىرى بازىرىدىكى باھا بەزىدە ئۆرلىدى، بەزىدە تۆۋەنلىدى. 13 خىل ئىستېمال سانائەت بۇيۇملىرى ئىچىدە گىرىم بۇيۇملىرى، كىتاب، گېزىت - ژۇرناللارنىڭ باھاسى ئۆستى، قالغانلىرىنىڭ باھاسى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە تۆۋەنلىدى. مۇلازىمەت تۈرىدىكىلەرنىڭ باھاسى داۋاملىق ئاشتى، ئېشىش ھەجمى %10.1 بولدى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ باھاسى %3 تۆۋەنلىدى. تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنىدىغان مەبلەغ باھاسىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسى 1998 - يىلدىكىدىن %1 تۆۋەنلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە بىناكارلىق - قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ باھاسى 1998 - يىلدىكى بىلەن ئوخشاش بولدى، ئۈسكۈنە، قۇرۇلۇش ماشىنىلىرىنىڭ باھاسى %2.4 تۆۋەنلىدى.

1999 - يىلى بىڭتۈەننىڭ تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىگە يەتتى. ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 409 مىليون 89 مىڭ 800 دوللارغا يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %43.3 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 242 مىليون 513 مىڭ 100 دوللارغا يېتىپ، %136.7 ئاشتى؛ ئىمپورت سوممىسى 166 مىليون 576 مىڭ 700 دوللار بولۇپ، %9 كېمەيدى؛ 75 مىليون 936 مىڭ 400 دوللارلىق سودا ئاكتىپ بالانسى تۇنجى قېتىم ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى ئىچىدە ئادەتتىكى سودىنىڭ ئېكسپورت سوممىسى 93 مىليون 158 مىڭ 900 دوللارغا يېتىپ، %111 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ ئېكسپورت سوممىسى 27 مىليون 707 مىڭ 900 دوللارغا يېتىپ، %3.6 ئاشتى؛ چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ ئېكسپورت سوممىسى 3 مىليون 845 مىڭ 900 دوللارغا يېتىپ، %35.8 ئاشتى. چېگرا سودىسىنىڭ ئېكسپورت سوممىسى 117 مىليون 800 مىڭ 400 دوللارغا يېتىپ، %309.85 ئاشتى. ئىمپورت ئومۇمىي سوممىسى ئىچىدە ئادەتتىكى سودىنىڭ ئىمپورت سوممىسى 18 مىليون 778 مىڭ 300 دوللار بولۇپ، %60.4 تۆۋەنلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ ئىمپورت سوممىسى 16 مىليون 866 مىڭ 900 دوللارغا يېتىپ، %101 ئاشتى؛ چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ ئىمپورت سوممىسى 160 مىڭ 600 دوللار بولۇپ، %22.4 تۆۋەنلىدى. چېگرا سودىسىدىكى ئىمپورت سوممىسى 130 مىليون 770 مىڭ 900 دوللارغا يېتىپ، %3 ئاشتى.

1999 - يىلى يېڭىدىن 25 توختام ئىمزالاندى، بۇنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 189 مىليون 700 مىڭ يۈەن؛ ئىجرا قىلىنغان توختام 35 بولۇپ، ئومۇمىي سوممىسى 378 مىليون 830 مىڭ يۈەن؛ شۇ يىلى يېڭىدىن 13 ئىقتىسادىي بىرلىشىش توختامى ئىمزالاندى، بۇنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 183 مىليون 610 مىڭ يۈەن، ئىجرا قىلىنغان توختام 21 بولۇپ، ئومۇمىي سوممىسى 355 مىليون 140 مىڭ يۈەن؛ يېڭىدىن 12 تېخنىكا ھەمكارلىق توختامى ئىمزالاندى، بۇنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 6 مىليون 90 مىڭ يۈەن، ئىجرا قىلىنغان توختام 14 بولۇپ، ئومۇمىي سوممىسى 23 مىليون 690 مىڭ يۈەن.

بىڭتۈەننىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرى داۋاملىق راۋاجلاندى. 1999 - يىلى بىڭتۈەن بويىچە ساياھەتچىلىك كارخانىسى 43 بولۇپ، ئۇنىڭ تۇراقلىق مۈلكى 826 مىليون 300 مىڭ يۈەن، كەسپكارلىرى 4928. شۇ يىلى ئىچكى ساياھەت كوپېراتىپىدىن 2نى قۇرۇش تەستىقلىنىپ، ساياھەت كوپېراتىپىنىڭ ئومۇمىي سانى 9غا يەتتى (بۇنىڭ ئىچىدە: خەلقئارالىق ساياھەت كوپېراتىپى 2، ئىچكى ساياھەت كوپېراتىپى 7). مۇشۇ بىر يىلدا چەت ئەللىك ساياھەتچىلەردىن 22 مىڭ 476 ئادەم (قېتىم)، 101 مىڭ 113 ئادەم (كۈن) كۈتۈۋېلىنىپ، 5 مىليون 200 مىڭ دوللارلىق تاشقى پېرېۋوت يارىتىلدى. دۆلەت ئىچىدىن كەلگەن ساياھەتچىلەردىن 73 مىڭ 298 ئادەم (قېتىم)، 35 مىڭ 649 ئادەم (كۈن) كۈتۈۋېلىندى. 1999 - يىلى بىڭتۈەننىڭ سارايۋەنچىلىك تەرەققىياتى بىر قەدەر تېز بولدى، يۇلتۇز دەرىجىلىك مېھمانخانىلار 13كە، ياتاق 2998گە، كارىۋات 6821گە يەتتى.

6. پەن - تېخنىكا 1999 - يىلى 58 تۈردىكى نەتىجە دۆلەت، ئاپتونوم رايون ۋە بىڭتۈەن دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا

تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتنىڭ 3 ـ دەرىجىلىك پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشكىنى بىر. ئاپتونوم رايوننىڭ 3 ـ دەرىجىلىك پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشكىنى بىر؛ بىڭتۈەننىڭ 1 ـ دەرىجىلىك پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشكىنى 4، 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 20، 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 32.

پەن ـ تېخنىكا قوشۇنى ئۈزلۈكسىز زورايدى. بىڭتۈەن بويىچە كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى 135 مىڭ 800گە يەتتى. تۈەن (زاۋۇت) تىن يۇقىرى پەن تەتقىقات ئاپپاراتى 160، ئالىي مەكتەپلەر باشقۇرغان پەن تەتقىقات ئاپپاراتى 10، چوڭ، ئوتتۇرا سانائەت كارخانىلىرى باشقۇرغان پەن تەتقىقات ئاپپاراتى 17 بولۇپ، پەن ـ تېخنىكا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملار 4600، بۇنىڭ ئىچىدە: ئالىم ۋە ئىنژېنېر 2300.

پەن ـ تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى كېڭەيتىش، قوللىنىش خىزمىتىدە يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. 1999 ـ يىلى بىڭتۈەن بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغان پەن ـ تېخنىكا خىراجىتى 19 مىليون 740 مىڭ يۈەن بولۇپ، 20.6% ئازايتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە بىڭتۈەن دەرىجىلىك تېمىلارغا سېلىنغان مەبلەغ ھەربىر تۈرگە 24 مىڭ 300 يۈەن بولدى. سانائەت پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى قەرز پۇلى ئىشلىتىلىدىغان بىڭتۈەن دەرىجىلىك تۈر 21 بولۇپ، ئۇنىڭغا 51 مىليون 590 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە قەرز پۇل 34 مىليون 20 مىڭ يۈەن. يېڭىدىن كېڭەيتىلگەن پەن ـ تېخنىكا تۈرى 19 بولۇپ، بۇنىڭغا 805 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، ئۇنىڭ 1998 ـ يىلدىكىدىن ئاشقان مەھسۇلات قىممىتى 122 مىليون يۈەن بولدى.

پەن ـ تېخنىكا بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش تۈەن ـ مەيدانلىرىنىڭ قۇرۇلۇش ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى. بىڭتۈەن، شى دەرىجىلىك پەن ـ تېخنىكا بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش تۈەن ـ مەيدانلىرى 50 كە، لىيەندۈي 560قا، گۇرۇپپا ـ ئائىلە 13 مىڭغا يەتتى.

7. مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە ۋە تەنتەربىيە ئىشلىرى

1999 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا بىڭتۈەندىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ 2، چوڭلار ئالىي مەكتىپى 3، ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم 7، چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكومى 23، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 94، باشلانغۇچ مەكتەپ 461. ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تولۇق، مەخسۇس كۇرسلىرىغا قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى 3375كە يېتىپ، 14.8% ئاشتى، ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 2606گە يېتىپ، 18% ئاشتى؛ ئوقۇۋاتقان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 10 مىڭ 446 گە يېتىپ، 8.8% ئاشتى؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوملارغا قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى 2721 بولۇپ، 11.4% ئازايدى. ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىسى 1579 بولۇپ، 3.5% ئازايدى، ئوقۇۋاتقان ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىسى 7524كە يېتىپ، 1.8% ئاشتى؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى 45 مىڭ 362 گە يېتىپ، 17% ئاشتى، ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 30 مىڭ 396 بولۇپ، 3.9% ئازايدى. ئوقۇۋاتقان ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 114 مىڭ 836 گە يېتىپ، 8.9% ئاشتى؛ ئادەتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى 46 مىڭ 707 بولۇپ، 6.1% ئازايدى، ئوقۇش پۈتتۈرگەن باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 35 مىڭ 405 كە يېتىپ، 26.9% ئاشتى. ئوقۇۋاتقان باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 287 مىڭ 884 كە يېتىپ، 3.3% ئاشتى. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇش يېشىدىكى ئۆسمۈرلەرنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 99.1%، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ يېشىدىكىلەرنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 83.1%، باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆرلەش نىسبىتى 99.96% بولدى.

1999 ـ يىلى بىڭتۈەن بويىچە بار بولغان سەنئەت ئۆمىكى 9. بىۋاسىتە قاراشلىق ئۆمەكلەر 757 مەيدان ـ قېتىم ئويۇن قويدى.

ئاخبارات ـ تەشۋىقات ئۈنۈمى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا 20 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق ماقالە ئۆلكىدىن يۇقىرى گېزىت (ئىستانسا) ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە مەركەزدىكى بىر گېزىت، 2 ئىستانسا («خەلق» گېزىتى، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى) دا 200 پارچىگە يېقىن ماقالە ئېلان قىلىندى. ئاخبارات ـ نەشرىيات خىزمىتى مەمۇرىي جەھەتتىن قانۇن ئىجرا قىلىش گۇۋاھنامىسى بولغان باشقۇرۇش سالاھىيىتىگە ئىگە بولۇپ، ئاخبارات ـ نەشرىيات قانۇنىنى ئىجرا قىلىش خىزمىتىنى رەسمىي بېجىرىشكە باشلىدى؛ بىڭتۈەن بويىچە كىتاب، ئېلېكترون نەشر بۇيۇملىرىنى توپ سېتىش مەركىزى قۇرۇش تەستىقلاندى ھەمدە سىناق تەرىقىسىدە ئىشقا كىرىشتى؛ «بىڭتۈەن گېزىتى» ئۆلكە دەرىجىلىك پارتىيە گېزىتلىك ئورنىغا ئېرىشتى، «بوستان» ژۇرنىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك ئىجتىمائىي پەنلەر تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ بىڭتۈەن بويىچە 4 نەپەر ئاخبارات خىزمەتچىسى ئاپتونوم رايون بويىچە 3 ـ نۆۋەتلىك 20 نەپەر ياخشى ئاخبارات خىزمەتچىسى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى، 9 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو ئاخبارات

مۇكاپاتىنى باھالاشتا، بىڭتۈەننىڭ 2 ئەسىرى 2 - دەرىجىلىك جۇڭگو ئاخبارات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بىر پارچە ئىلمىي ماقالە يېڭى جۇڭگو ئاخبارات ئىشلىرىنىڭ 50 يىللىقى بويىچە 100 پارچە مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. «بىڭتۈەن گېزىتى»نىڭ «ھەرخىل مۇلاھىزىلەر» سەھىپىسى تۇنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو ئاخباراتى بويىچە داڭلىق ئىستون مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. مۇشۇ يىلى نەشر قىلىنغان گېزىت - ژۇرناللارنىڭ تىراژى 41 مىليون 225 مىڭغا، مەملىكەت بويىچە ئاشكارا تارقىتىلغان گېزىت 166 مىڭ 600 گە يەتتى.

رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىشلىرى خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ھەر قايسى تارقىتىش - ئاپپاراتلىرى توغرا جامائەت پىكرى يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، بىڭتۈەننىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تىرىشىپ خىزمەت قىلدى. يېزا ئىگىلىك 8 - شى شىخەنزە رادىئو ئىستانسىسى ئىجاد قىلغان رادىئو دراممىسى «تاغ ئارىسىدا ياڭرىغان شادلىق ناخشىسى» مەملىكەت بويىچە «بەش بىر قۇرۇلۇشى» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. رادىئو - تېلېۋىزىيىنى لىيەنلەرگە يەتكۈزۈش خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى، كەسپلەر بويىچە باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى، قوشۇن ساپاسى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈلدى. 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بىڭتۈەن بويىچە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى 3 كە، رادىئو ئىستانسىسى 2 گە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى 11 گە، تۈەن - مەيدان (كارخانا) رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۆزىكى 188 گە، تېلېۋىزىيە ئۇلاپ كۆرسىتىش ئىستانسىسى 94 كە، چاستوتىسى تىزگىنلىنىدىغان رادىئو ئۇلاپ ئاڭلىتىش ئىستانسىسى 98 كە، بۇلارنىڭ خادىملىرى 1400 گە يەتتى. رادىئونىڭ قاپلاش نىسبىتى %85.1، تېلېۋىزىيىنىڭ قاپلاش نىسبىتى %89.2 بولدى.

1999 - يىلى بىڭتۈەن بويىچە ھەممە كىشى باشلانغۇچ سەھىيە - ساقلىق ساقلاشتىن بەھرىمەن بولۇش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى. تۈەن - مەيدانلارنىڭ سەھىيە ئىشلىرى ئىسلاھات جەريانىدا پۇختا قەدەم بىلەن تەرەققىي قىلدى. بىڭتۈەن بويىچە تۈرلۈك سەھىيە ئاپپاراتىدىن 626 سى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە: دوختۇرخانا 221، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى 72، كارىۋات 17 مىڭ 483، سەھىيە خادىملىرى 28 مىڭ 349 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە سەھىيە تېخنىكا خادىمى 23 مىڭ 22. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر مىڭ كىشىگە كارىۋات 7.5 تىن، سەھىيە تېخنىكا خادىمى 9.53 تىن، دوختۇر 4.5 تىن توغرا كېلىدۇ. 1999 - يىلى بىڭتۈەننىڭ تەنتەربىيە ئەزىمەتلىرى قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشىپ بىر قەدەر ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. مەملىكەتلىك 6 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە بىر ئالتۇن مېدالغا، بىر كۈمۈش مېدالغا، 2 مىس مېدالغا ۋە 2 بەشىنچىلىككە ئېرىشتى؛ شىخەندە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك بوكسىيورلۇق لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىدە بىر 5 - لىككە، بىر 8 - لىككە ئېرىشتى؛ شاڭخەيدە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك بوكسىيورلۇق ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسىدە 2 مىس مېدالغا ئېرىشتى. مەملىكەتلىك تەيجى كۇڭفۇسى بويىچە چېمپىيونلۇقنى تالىشىش مۇسابىقىسىدە بىر 4 - لىككە ۋە بىر 5 - لىككە ئېرىشتى، ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 9 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە 2 ئالتۇن مېدالغا ۋە 5 مىس مېدالغا ئېرىشتى.

**8. پۇل مۇئامىلە ۋە سۇغۇرتا كەسپى** 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بىڭتۈەن بويىچە پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى ھەرخىل ئامانەت پۇل قالدۇقى 15 مىليارد 328 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %13.6 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە كارخانىلارنىڭ ئامانەت پۇلى 2 مىليارد 769 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %14.4؛ ئاھالىلەرنىڭ ئامانەت قويغان پۇلى 8 مىليارد 435 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %6.6 ئاشتى. ھەرخىل قەرز پۇل قالدۇقى 12 مىليارد 392 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %6.3 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە قىسقا مۇددەتلىك قەرز پۇل 5 مىليارد 411 مىليون يۈەن بولۇپ، %8.3 ئازايدى. ئوتتۇرا، ئۇزاق مۇددەتلىك قەرز پۇل 2 مىليارد 523 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %3.4 ئاشتى.

1999 - يىلى بىڭتۈەن بويىچە سۇغۇرتا سوممىسى 28 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %22.1 ئاشتى. سۇغۇرتىلارنىڭ كەسپىي كىرىمى 342 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %14.6 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى كەسپىي كىرىمى 106 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %12.4؛ ئۆمۈر سۇغۇرتىسى كەسپىي كىرىمى 74 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %14.4؛ يېزا ئىگىلىك سۇغۇرتىسى كەسپىي كىرىمى 163 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %16.2 ئاشتى. بىر تەرەپ قىلىنىپ تۆلەپ بېرىلگەن چىقىم سوممىسى 236 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %30.8 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى تۆلەم سوممىسى 51 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %2.1 ئاشتى، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى تۆلەم سوممىسى 20 مىليون يۈەن بولۇپ، %6.1 ئازايدى؛ يېزا ئىگىلىك سۇغۇرتىسى تۆلەم سوممىسى 165 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %51.3 ئاشتى؛ ئۇنىۋېرسال تۆلەم نىسبىتى %69 بولدى.

**9. ئىشچى - خىزمەتچىلەر تۇرمۇشى ۋە مۇھىت ئاسراش ئەھۋالى** 1999 - يىلى ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاش ئومۇمىي سوممىسى 4 مىليارد 335 مىليون يۈەن بولۇپ، %9.7 ئازايدى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئورۇنلىرىنىڭ 4 مىليارد 212 مىليون يۈەن بولۇپ، %10.2 ئازايدى. ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ

ئوتتۇرىچە مائاش 5451 يۈەن بولۇپ، %3.3 ئازايدى. مال باھاسىنىڭ ئۆرلەش ئامىلىنى نەزەر تۇتقاندا، ئەمەلىي ئازايغىنى %0.7 بولدى.

ئىجتىمائىي كاپالەتلەندۈرۈش سەۋىيىسى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇلدى. بىڭتۈەن دائىرىسى ئىچىدە پېنسىيە سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى، بىر تۇتاش توپلاشقا 675 مىڭ 700 ئىشچى - خىزمەتچى قاتناشتى. ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى خىزمىتى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇلدى. بۇنىڭغا 608 مىڭ 300 ئىشچى - خىزمەتچى قاتناشتى. ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش سۇغۇرتىسىغا 460 مىڭ 100 ئىشچى - خىزمەتچى، تۇغۇت سۇغۇرتىسىغا 384 مىڭ 800 كىشى قاتناشتى.

مۇھىت ئاسراش خىزمىتىدە يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى. 1999 - يىلى بىڭتۈەننىڭ مۇھىت ئاسراش خىزمىتىدە سانائەت بۇلغىمىلىرىنى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈپ قويۇپ بېرىش مۇھىم نۇقتا قىلىندى. مۇشۇ بىر يىلدا 10 مىليون يۈەندىن يۇقىرى تۈرلەر بويىچە 15 تۈرنىڭ مۇھىتنى تۇغرىسىدىكى باھالاش دوكلاتى، 10 مىليون يۈەندىن تۆۋەن تۈرلەر بويىچە تەخمىنەن 30 تۈرنىڭ مۇھىتنى تۇغرىسىدىكى باھالاش دوكلاتى تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى. 30 تۈرنىڭ مۇمكىنچىلىك تەتقىقاتى مۇھىت ئاسراش تۇغرىسىدىكى دەسلەپكى تەسەۋۋۇر ماقالىلىرى تەكشۈرۈلدى، مۇھىت ئاسراش مۇئەسسەسەلىرىدىن پۈتكەن 10 تۈر تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى. مۇھىتنى باھالاشنىڭ ئىجرا قىلىنىش نىسبىتى %85 بولدى.

شىن جيەن

## يېزا ئىگىلىك 1 - شىسى

1 - سىياسىي كومىسسار: خۇ چاڭئەن (قوشۇمچە)؛ شىجاڭ: ۋاڭ خۇڭنيەن؛ سىياسىي كومىسسار: جاۋ گۇاڭيۇڭ؛ مۇئاۋىن شىجاڭلار: شا جىڭيۇ (2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، لى زېكاڭ، ياڭ خېيخەن، ليۇ دېفېڭ، شىن شياۋۋېي؛ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: ئابدۇراخمان رۇسۇل (شىجاڭ دەرىجىلىك)، جاڭ شىنرۇڭ (ئايال)، ۋاڭ پىڭخەي.

شىنىڭ 1999 - يىل ئاخىرىدىكى نوپۇسى 259 مىڭ 900 بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن %1.9 ئازايدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئايال 116 مىڭ 900، خەنزۇ 245 مىڭ. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰6.14، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰2.54. شىغا قاراشلىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانى 16، مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان سانائەت - قاتناش - بىناكارلىق - سودا كارخانىسى 19.

1999 - يىلى شىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 990 مىليون يۈەنگە يېتىپ (شۇ يىلدىكى باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)، 1998 - يىلدىكىدىن %1 ئاشتى (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 908 مىليون يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 485 مىليون يۈەن، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 597 مىليون يۈەن. يېزا ئىگىلىكىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 916 مىليون يۈەن. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىقنىڭ 1 مىليارد 768 مىليون يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 11 مىليون 930 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 130 مىليون يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 5 مىليون 640 مىڭ يۈەن. 121 مىڭ 400 گېكتار يەرگە دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى تېرىلدى. 154 مىڭ 700 تونna ئاشلىق، 138 مىڭ 572 توننا پاختا، 1090 توننا قىزىلچا، 32 مىڭ 675 توننا مېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدىكى ئەمەلىي بار بولغان ئورمان كۆلىمى 10 مىڭ 953 گېكتارغا يەتتى. شۇ يىلى 1057 گېكتار يەرگە كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىندى، پارچە - پۇرات يەرلەرگە 1 مىليون 17 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى. يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا 370 مىڭ 900 تۇياق بولدى، 10 مىڭ 785 توننا گۆش، 444 توننا قوي يۇڭى، 1838 توننا سۈت، 1564 توننا تۇخۇم، 998 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 208 مىڭ 500 كىلوۋاتقا يەتتى. شۇ يىلى 53 مىڭ 277 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت، 7139 توننا سۇلياۋ يوپۇق ئىشلىتىلدى. دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا ئىشلىتىلگەن توك 118 مىليون 780 مىڭ كىلوۋات سائەتكە يەتتى.

سانائەت قوشۇلما قىممىتى 312 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 903 مىليون يۈەن بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت سانائىتىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 810 مىليون يۈەن، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش قىممىتى 882 مىليون يۈەن. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرى مۇنۇلار: پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ساپ پاختا 148 مىڭ 220 توننا، گۈرۈچ 44 مىڭ 46 توننا، بۇغداي ئۇنى 7000 توننا، ئۆسۈملۈك يېغى 28 مىڭ 937 توننا، ئىچىملىك - ھاراق 471 توننا، يەم - بوغۇز 22 مىڭ 181 توننا، يىپ 16 مىڭ 880 توننا، رەخت 4 مىليون 550 مىڭ مېتىر، لۆڭگە 119 مىڭ دانە، لۆڭگە يوتقان 6700 دانە، كۆمۈر 130 مىڭ 172 توننا، توك 232 مىليون 820 مىڭ كىلوۋات سائەت، سۇلفات كىسلاتاسى 12 مىڭ 966 توننا، تۇز كىسلاتاسى 3899 توننا، خىمىيىۋى ئوغۇت 4074 توننا، سۇلياۋ ياسالمىلار 7487 توننا، سېمونت 579 مىڭ توننا، خىش 163 مىليون 830

مىلياردىن ئاشىدۇ.

بىناكارلىق كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 171 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە، قۇرۇلۇش قىلىش قىممىتى 604 مىليون يۈەنگە، پۈتكەن قۇرۇلۇش قىممىتى 454 مىليون يۈەنگە يەتتى. سېلىنىۋاتقان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 858 مىڭ 800 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكۈن كۆلىمى 789 مىڭ 500 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان بىناكارلىق - قۇراشتۇرۇش كارخانىلىرىنىڭ پەللىق پايدىسى 3 مىليون 573 مىڭ يۈەن بولدى.

مۇشۇ يىلى تۇراقلىق مۈلۈككە 794 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپكە سېلىنغىنى 214 مىليون يۈەن، 2 - كەسىپكە سېلىنغىنى 98 مىليون يۈەن، 3 - كەسىپكە سېلىنغىنى 482 مىليون يۈەن. شۇ بويىچە ترانسپورتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 63 مىليون 670 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يۈك ئوبوروت مىقدارى 403 مىليون 304 مىڭ توننا - كىلومېتىر، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 213 مىليون 825 مىڭ ئادەم - كىلومېتىر بولدى.

شۇ بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 478 مىليون يۈەنگە يەتتى. دۆلەت ئورۇنلىرىنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 236 مىليون يۈەن، يەككە - خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكىلەرنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 242 مىليون يۈەن بولدى. ئورۇندالغان ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 4 مىليون دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 3 مىليون 700 مىڭ دوللار، ئىمپورت سوممىسى 300 مىڭ دوللار بولدى.

1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە جەمئىيەت ئامانەت پۇل قالدۇقى 2 مىليارد 510 مىليون يۈەن، تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 180 مىليون يۈەن بولدى. شۇ بويىچە سۇغۇرتا سوممىسى 3 مىليارد 874 مىليون يۈەنگە، سۇغۇرتا كەسپىي كىرىمى 47 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 7808 تۆلەم دېلوسى بىر تەرەپ قىلىنىپ، 44 مىليون 410 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى. شۇ بويىچە 72 مىڭ 949 ئىشچى - خىزمەتچى، پېنسىيىگە (دەم ئېلىشقا) چىققان 43 مىڭ 824 ئادەمنىڭ پېنسىيە پۇلىنى جەمئىيەت بىر تۇتاش تۇپلاشقا قاتناشتى. دۆلەت ئىلكىدىكى كەسىپكارلارنىڭ ئەمگەك ھەققى 620 مىليون يۈەن. دۆلەت ئورۇنلىرىدىكى ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 6700 يۈەن بولدى.

1999 - يىلى 3 تۈر بىڭتۇەن دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ بىڭتۇەندىن يۇقىرى پەن تەتقىقات تېمىسىدىن 28ى ئىشلىنىدىغان بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىك تۈر 6؛ باھالانغان پەن تەتقىقات نەتىجىلىرى 57 بولۇپ، 21 تۈر باھالاشتىن ئۆتتى؛ ئامراتلارنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يۆلەش تۈرىدىن بىرى ئورۇندالدى؛ شىدىن يۇقىرى پەن - تېخنىكا خادىمىدىن 27 سى تەربىيىلەندى؛ ھەر دەرىجىلىك قىشلىق پەن - تېخنىكا پائالىيىتى ئارقىلىق 40 مىڭغا يېقىن ئادەم تەربىيىلەندى؛ پەن - تېخنىكىدا ئۈلگە كۆرسىتىش تۈەن قۇرۇلۇشى يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشتى، 7 تۈەن - مەيدان پەن - تېخنىكىدا ئۈلگە كۆرسىتىش تۈەنى ئۆلچىمىگە يەتكەن تۈەن - مەيدان بولۇپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى. شۇ بويىچە پەن - تېخنىكا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇن 19غا، تۈرلۈك كەسپىي تېخنىكا خادىمى 348 گە يەتتى (سىياسىي خىزمەت خادىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ). شىدىكى تۈرلۈك مەكتەپ 75. بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا تېخنىكوم 3، كەسپىي مەكتەپ بىر، ئوتتۇرا مەكتەپ 25، باشلانغۇچ مەكتەپ 46. مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلار 57 مىڭ 600، بۇنىڭ ئىچىدە، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 13 مىڭ 400. بۇنىڭدىن باشقا يېزا ئىگىلىك رادىئو مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 1770. مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 2293. شۇ بويىچە تېلېۋىزىيىنىڭ قاپلاش نىسبىتى %100كە يەتتى. 1999 - يىلى «تارىم گېزىتى» 105 سان چىقىرىلىپ، 1 مىليون 26 مىڭ نۇسخا تارقىتىلدى. «تارىم خوجايىنلىرى» گېزىتى 36 سان چىقىرىلىپ، 175 مىڭ نۇسخا تارقىتىلدى. 1990 قېتىم كىنو قويۇلۇپ، كۆرگۈچىلەر 253 مىڭ ئادەم (قېتىم) غا يەتتى. شىدىكى دوختۇرخانا 21، يۇقۇملۇق ساقلىنىش پونكىتى 19، كارىۋات 2349، سەھىيە تېخنىكا خادىمى 2773. 1999 - يىلى پىلانلىق تۇغۇش نىسبىتى %99.4، تۇغۇتتا چەك قويۇلۇش نىسبىتى %91.6، كېچىكىپ توي قىلىش نىسبىتى %76.3 بولدى.

نيۇ خەيجۈن

## يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى

1 - سىياسىي كومىسسار: فېڭ جىمىڭ (قوشۇمچە)؛ شىجاڭ: سۇڭ جيەنيې؛ سىياسىي كومىسسار: گې جېڭفا؛ مۇئاۋىن شىجاڭلار: دېڭ سۇڭگو، جاڭ فېڭ (موڭغۇل)، گو شاڭگوڭ، جاڭ شيۇلىڭ (ئايال)؛ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: ئابلەت ياقۇپ، زەي يۈشىن (1 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، جۇ دېچېن.

شىنىڭ 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى نوپۇسى 196 مىڭ 200، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال 92 مىڭ 100، ئاز سانلىق مىللەتلەر 6195. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰6.86، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰2.02، پىلانلىق تۇغۇت

نىسبىتى ٪100. يىل ئاخىرىدىكى ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 64 مىڭ 900. شىغا قاراشلىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانى 17، مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان دۆلەت كارخانىسى 11، بىناكارلىق - قۇراشتۇرۇش كارخانىسى 5، سودا كارخانىسى 7.

1999 - يىلى شىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 331 مىليون يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ 485 مىليون يۈەنگە، 2 - كەسىپنىڭ 393 مىليون يۈەنگە، 3 - كەسىپنىڭ 453 مىليون يۈەنگە يەتتى. شى بويىچە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 967 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىقنىڭ 849 مىليون يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 12 مىليون يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 99 مىليون يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 7 مىليون يۈەن. 64 مىڭ 400 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلدى. 106 مىڭ 500 توننا ئاشلىق، 35 مىڭ 100 توننا پاختا، 322 مىڭ 900 توننا قىزىلچا، 59 مىڭ 400 توننا مېۋە ئېلىندى. 623 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا 277 مىڭ 600 تۇياق. 6942 توننا گۆش، 522 توننا قوي يۇڭى، 2480 توننا سۈت، 1122 توننا تۇخۇم، 1372 توننا سۇمەھسۇلاتى ئېلىندى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 127 مىڭ 600 كىلوۋاتقا يەتتى. مۇشۇ يىلى 22 مىڭ 267 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت (ساپ ئوغۇت ھېسابىدا)، دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا 89 مىليون 415 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئىشلىتىلدى.

يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 295 مىليون يۈەن، تىجارەت كىرىمى 282 مىليون يۈەن، تاپشۇرغان بېجى 17 مىليون يۈەن، ئالغان پايدىسى 20 مىليون يۈەن بولدى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 767 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېنىك سانائەتنىڭ 600 مىليون يۈەن، ئېغىر سانائەتنىڭ 167 مىليون يۈەن. 381 مىڭ 400 توننا كۆمۈر، 45 مىڭ 400 توننا تاشپاختا ئىشلەپچىقىرىلدى، 19 مىڭ 100 توننا گۈرۈچ، 14 مىڭ 400 توننا ئۇن پىششىقلاپ ئىشلەندى، 7432 توننا سۇ يېغى، 46 مىڭ توننا شېكەر، 24 مىڭ 100 توننا يەمدۇر قىيامى، 3625 توننا ئىسپىرت، 38 مىڭ 900 توننا ساپ پاختا، 13 مىڭ 900 توننا پاختا يىپ، 14 مىليون 112 مىڭ 500 مېتىر پاختا رەخت، 13مىڭ 800 توننا فابرىكا قەغىزى ۋە قەغەز پەنەركە، 1236 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 98 مىڭ 700 توننا سېمونت، 96 مىليون 395 مىڭ دانە خىش، 21 مىليون 796 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئىشلەپچىقىرىلدى.

ترانسپورت كەسپىنىڭ يۈك ئوبوروت مىقدارى 223 مىليون توننا - كىلومېتىر، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 93 مىليون ئادەم - كىلومېتىر بولدى.

بىناكارلىق - قۇرۇلۇش كەسپىنىڭ قىلىنىۋاتقان قۇرۇلۇش قىممىتى 272 مىليون يۈەنگە، پۈتكەن قۇرۇلۇش قىممىتى 265 مىليون يۈەنگە يەتتى. سېلىنىۋاتقان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 360 مىڭ كۋادرات مېتىر، پۈتكەن كۆلىمى 295 مىڭ 400 كۋادرات مېتىر بولدى.

شى بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 465 مىليون يۈەنگە يەتتى. تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 3 مىليون 691 مىڭ 100 يۈەن بولدى، دۆلەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردىن كەلگەن ساياھەتچىلەردىن 50 نەچچە تۈركۈم كۈتۈۋېلىنىپ، 400 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلىندى.

يىل ئاخىرىدىكى تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 335 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت قويغان پۇلى 933 مىليون يۈەن، يىل ئاخىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 92 مىليون يۈەن. شى بويىچە سۇغۇرتا سوممىسى 2 مىليارد 662 مىليون يۈەن، سۇغۇرتا كەسپىي كىرىمى 34 مىليون يۈەن، تۆلەم سوممىسى 17 مىليون يۈەن بولدى.

1999 - يىلى تۇراقلىق مۈلۈككە 482 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئورۇنلىرىنىڭ سالغىنى 454 مىليون يۈەن، خۇسۇسىيلارنىڭ سالغىنى 28 مىليون يۈەن.

مۇشۇ يىلدا 25 تۈردىكى پەن تەتقىقات نەتىجىسى شى بويىچە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە 3 تۈر 1 - دەرىجىلىك، 5 تۈر 2 - دەرىجىلىك، 17 تۈر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. شى بويىچە 58 تۈرلۈك پەن تەتقىقات تېمىسى ئىلتىماس قىلىندى، 10 نەچچە تۈردىكى تەتقىقات نەتىجىسى كېڭەيتىلدى. شى بويىچە تۈرلۈك كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى 11 مىڭ 700 بولۇپ، پەن - تېخنىكا پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغىنى 733. تۈەن - مەيدان (زاۋۇت) دىن يۇقىرى پەن تەتقىقات ئاپپاراتىدىن 22 سى بار بولۇپ، 13 مىليون 239 مىڭ يۈەن پەن - تېخنىكا خىراجىتى بېرىلدى. بىڭتۈەن، شى دەرىجىلىك پەن - تېخنىكىدا ئۈلگە كۆرسىتىش تۈەنى تەرەققىي قىلىپ 10 غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بىڭتۈەن دەرىجىلىكى 4. شىدا چوڭلار ئالىي تېخنىكومىدىن بىرى، چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكومىدىن بىرى، كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكومىدىن بىرى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىن 4ى، كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىن 2 سى، باشلانغۇچ مەكتەپتىن 42سى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىن 23ى بار. باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقانلار 27 مىڭ 142، تولۇقسىز ئوتتۇرا

مەكتەپتە ئوقۇۋاتقانلار 8202، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقانلار 3069، كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقانلار 1046؛ ئوقۇتقۇچى 1995. يەسلى ۋە باللار باغچىسىدىكى باللار ۋە ئۆسمۈرلەر 5205. تېلېۋىزىيىنىڭ قاپلاش نىسبىتى %98كە، رادىئونىڭ قاپلاش نىسبىتى %92كە يەتتى. 282 پارچە ماقالە مەركەز دەرىجىلىك گېزىت - ژۇرناللاردا، 1772 پارچە ماقالە ئۆلكە دەرىجىلىك گېزىت - ژۇرناللاردا، 5750 پارچە ماقالە ۋىلايەت، شى دەرىجىلىك گېزىت ۋە ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. «يېشىل تۇزلەڭلىك گېزىتى» 100 سان چىقىرىلىپ، 1 مىليون 20 مىڭ نۇسخا تارقىتىلدى، سەھىيە ئاپپاراتلىرىدىن 45ى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا 26، ساقلىقنى ساقلاش ئورنى 15، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى بىر. كارىۋات 1714؛ سەھىيە خىزمەتچىلىرى 2736، بۇنىڭ ئىچىدە سەھىيە تېخنىكا خادىمى 2302.

1999 - يىلى شى بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاش سوممىسى 367 مىليون يۈەن. ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە مائاشى 5502 يۈەن بولدى.

سەي چېشۇ

## يېزا ئىگىلىك 3 - شىسى

1 - سىياسىي كومىسسار: ياۋ يۇڭفېڭ (قوشۇمچە)؛ شىجاڭ: ليۇ شىنچى؛ سىياسىي كومىسسار: ساۋ خەن؛ مۇئاۋىن شىجاڭلار: قادىر بەكرى، يەن شيۇيې، خې ۋېي، كۇڭ شىڭلۇڭ؛ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: ھامۇتجان ئۆكتەم، لى چۈەنشيۇ (ئايال).

1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى نوپۇسى 176 مىڭ 621. بۇنىڭ ئىچىدە ئايال 77 مىڭ 999، خەنزۇ 89 مىڭ 72، ئاز سانلىق مىللەتلەر 87 مىڭ 549. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰11.8، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰79.4، پىلانلىق تۇغۇت نىسبىتى %68.99. يىل ئاخىرىدىكى كەسپكارلار 68 مىڭ 344. شىغا قاراشلىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانى 18.

ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 761 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى375 مىليون يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 164 مىليون يۈەن، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 222 مىليون يۈەن.

يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 881 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىقنىڭ 728 مىليون 160 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 10 مىليون 20 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 139 مىليون 750 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 3 مىليون 420 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدىكى تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 68 مىڭ 520 گېكتار بولۇپ، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى تېرىلغان كۆلەم 65 مىڭ 230 گېكتار. 74 مىڭ 225 توننا ئاشلىق، 51 مىڭ 903 توننا پاختا ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا بار بولغان باغ 4114 گېكتار بولۇپ، 38 مىڭ 955 توننا مېۋە ئېلىندى. 1498 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا 521 مىڭ 100 تۇياق. 10 مىڭ 287 توننا گۆش، 543 توننا قوي يۇڭى، 5131 توننا سۈت، 1305 توننا تۇخۇم، 14 توننا ھەسەل ئېلىندى، بېقىلغان بۇغا 184 بولۇپ، 106 كىلوگرام يۇمران بۇغا مۈڭگۈزى ئېلىندى، بېلىق مەھسۇلاتى 525 توننا بولدى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 109 مىڭ 390 كىلوۋاتقا يەتتى. يېزىلاردا 38 مىليون 620 مىڭ 700 كىلوۋات سائەت توك، 38 مىڭ 759 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت (ئەمەلىي مىقدارى)، 2671 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 765 توننا دېھقانچىلىق دورىسى (ئەمەلىي مىقدارى) ئىشلىتىلدى. يېزا - بازار كارخانىلىرى 2133 بولۇپ، مەھسۇلات قىممىتى 92 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەتنىڭ يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 197 مىليون 827 مىڭ يۈەن بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە يېنىك سانائەتنىڭ 114 مىليون 951 مىڭ يۈەن، ئېغىر سانائەتنىڭ 82 مىليون 876 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرى مۇنۇلار: كۆمۈر 10 مىڭ 600 توننا، چىقىرىلغان توك 2 مىليون 403 مىڭ كىلوۋات سائەت، تەمىنلىگەن توك 61 مىليون 501 مىڭ كىلوۋات سائەت، ئۇن 13 مىڭ 900 توننا، سۇ يېغى 7711 توننا، پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ساپ پاختا 48 مىڭ 635 توننا، ئىچىملىك - ھاراق 147 توننا، خىش 11 مىڭ 145 توننا، سېمونت 28 مىڭ توننا، سۇلياۋ ياسالمىلار 2846 توننا، چۈچۈكبۇيا مەلھىمى 494 توننا.

بىناكارلىق - قۇراشتۇرۇش كارخانىلىرىنىڭ قۇرۇلۇش قىلىش قىممىتى 219 مىليون 726 مىڭ يۈەنگە، پۈتكۈن قۇرۇلۇش قىممىتى 193 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

قاتناش - ترانسپورت كارخانىلىرىنىڭ يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 37 مىليون 981 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 163 مىليون 170 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، تىجارەت كەسپىي كىرىمى 66 مىليون 102 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

تۇراقلىق مۈلۈككە 411 مىليون 365 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 288 مىليون 920 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش - ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى

47 مىليون 680 مىڭ يۈەن، سۇ، تۇپراقنى ئېچىشقا سېلىنغىنى 69 مىليون 795 مىڭ يۈەن، پارچە - پۇرات تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغىنى 4 مىليون 970 مىڭ يۈەن.

شى بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 253 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە، تاۋارلارنىڭ سېتىلىش سوممىسى 658 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 8 مىليون 464 مىڭ 400 دوللار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت سوممىسى 6 مىليون 497 مىڭ 200 دوللار، ئېكسپورت سوممىسى 1 مىليون 967 مىڭ 200 دوللار.

سۇغۇرتا سوممىسى 1 مىليارد 178 مىليون يۈەن، سۇغۇرتا كەسپىي كىرىمى 17 مىليون 25 مىڭ يۈەن بولدى، سۇغۇرتا تۆلەم دېلوسىدىن 1270ى بىر تەرەپ قىلىنىپ، 15 مىليون 953 مىڭ 800 يۈەن تۆلەندى.

شى بويىچە تۇەن - مەيداندىن يۇقىرى پەن - تەتقىقات ئاپپاراتى 14، پەن تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملار 90، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 6، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ۋەزىپىسى بارلار 25. شى 78 تۈرلۈك پەن تەتقىقات تېمىسىنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىجرا قىلىنىش نىسبىتى 91%كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدىكى 2 پەن تەتقىقات نەتىجىسى بىڭتۈەن بويىچە 3 - دەرىجىلىك پەن تەتقىقات نەتىجىلىرى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ھەرخىل پەن - تېخنىكا بويىچە تەربىيىلەش كۇرسىدىن 332 قارار ئېچىلىپ، 42 مىڭ 530 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى. يىل ئاخىرىدا شىدىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى 7871گە يەتتى. شىدا 101 ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ بار، بۇنىڭ ئىچىدە باشلانغۇچ مەكتەپ 71، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 23، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2، مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ 5، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 38 مىڭ 475. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپتىكى مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 2159 (باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 1536، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 471، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 152). باللار باغچىسى 17 ئوقۇتقۇچىسى 77. باللار باغچىسىدا 4212 بالا بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تەييارلىق سىنىپىدىكى بالا 2510. «زەرەپشان گېزىتى» 102 سان چىقىرىلىپ، 51 مىڭ نۇسخا تارقىتىلدى، 18 ئەسەر ئۆلكە دەرىجىدىن يۇقىرى باھالاش - مۇكاپاتلاش پائالىيىتىدە مۇكاپاتقا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدىكى 3 ئەسەر مەملىكەت بويىچە كارخانا گېزىتلىرىنى سېلىشتۇرۇپ باھالاشتا مۇكاپاتلاندى. كۇتۇپخانىدىن 62 سى بولۇپ، ساقلانغان كىتاب 179 مىڭ 900 پارچىدىن ئارتۇق، ئىشچى - خىزمەتچىلەر مەدەنىيەت پائالىيىتى مەركىزىدىن بىرى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر پائالىيەت ئۆيى (كۇلۇبى) دىن 19ى، لېندۇيلەرنىڭ مەدەنىي پائالىيەت ئۆيىدىن 110ى بار. كىنوخانىدىن 6سى، كىنو قويۇش ئورنىدىن 5ى بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 254 قېتىم كىنو قويۇلدى. كىنو كۆرگۈچىلەر 40 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. رادىئونىڭ قاپلاش نىسبىتى 90%كە، تېلېۋىزىيىنىڭ قاپلاش نىسبىتى 88.5%كە يەتتى. تېببىي داۋالاش ئاپپاراتىدىن 38ى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا 16، ساقلىق ساقلاش ئورنى 10، يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى 12. ئاساسىي قاتلام لېندۇيلەردە 250 ساقلىق ساقلاش ئۆيى، 250 سەھىيە خادىمى بار. كارىۋات 1060، سەھىيە تېخنىكا خادىمى 1151.

1999 - يىلى شى بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 5277 يۈەن، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىم 2122 يۈەن بولدى. شى بويىچە ھويلا - ئارام ئىگىلىكىدىن قىلىنغان كىرىم 136 مىليون 110 مىڭ يۈەن، يەككە تىجارەتچىلەر كىرىمى 68 مىليون 820 مىڭ يۈەن بولدى.

جەن شىنلىن

## يېزا ئىگىلىك 4 - شىسى

1 - سىياسىي كومىسسار: جاڭ گولياڭ (قوشۇمچە)؛ شىجاڭ: رېن شۇدۇڭ؛ سىياسىي كومىسسار: ۋاڭ جۇڭخۇيى (شىبە)؛ مۇئاۋىن شىجاڭلار: ۋېي پاڭ (شى دەرىجىلىك)، رېن مىنمىن، جاڭ يۇڭ، جاڭ ۋېيمىن؛ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: باي دۆلەت (قازاق، شىجاڭ دەرىجىلىك)، زەي يۇشىن (1 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، خۇاڭ چىلوڭ (1 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى نوپۇسى 218 مىڭ 852 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 113 مىڭ 590، ئايال 105 مىڭ 222، ئاز سانلىق مىللەتلەر 38 مىڭ 671. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 9‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 4.96‰. شىدا 21 دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۇەن - مەيدانى، 28 مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان كارخانا بار. دۆلەت ئورۇنلىرىدا ئىشلەيدىغان ئىشچى - خىزمەتچى 74 مىڭ 76.

ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 326 مىليون يۈەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە: 1- كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 484 مىليون يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 410 مىليون يۈەن، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 432 مىليون يۈەن.

يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 929 مىليون 350

مىلياڭ يۈەنگە يەتتى. 103 مىڭ 900 گېكتار يەرگە دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى تېرىلدى، 295 مىڭ 62 تونىنا ئاشلىق، 49 مىڭ 606 تونىنا پاختا، 5860 تونىنا ياغلىق دان، 216 مىڭ 282 تونىنا قىزىلچا، 19 مىڭ 958 تونىنا مېۋە، 1766 تونىنا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىنىدى. 1154 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا 671 مىڭ تۇياق، 11 مىڭ 606 تونىنا گۆش، 14 مىڭ 325 تونىنا سۈت، 1714 تونىنا قوي يۇڭى، 3623 تونىنا تۇخۇم ئېلىنىدى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 155 مىڭ 300 كىلوۋات بولۇپ، چوڭ، ئوتتۇرا تراكتور 1396، كىچىك تراكتور ۋە قول تراكتورى 1839، كومبايىن 368.

يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي مەھسۇلات قىممىتى 361 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 204 مىليون 540 مىڭ يۈەن، قوشۇلما قىممىتى 109 مىليون 420 مىڭ يۈەن.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 754 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېنىك سانائەتنىڭ 596 مىليون 140 مىڭ يۈەن، ئېغىر سانائەتنىڭ 158 مىليون 40 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىدىن 455 مىڭ تونىنا كۆمۈر، 91 مىليون 30 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 127 مىڭ 700 تونىنا سېمونت، 40 مىڭ تونىنا كوكس، 4 مىليون 620 مىڭ دانە كۈندىلىك فارفور بۇيۇملار، 10 مىڭ 899 تونىنا تۆرمۆشتا كېرەكلىك ئەينەك، 7123 كۋادرات مېتىر خۇرۇم، 23 مىڭ 117 تونىنا شېكەر، 21 مىڭ 973 تونىنا ئىچىملىك، 19 مىڭ 429 تونىنا ئاق هاراق، 13 مىڭ 78 تونىنا سۇ يېغى، 666 تونىنا سۈت ياسالمىلىرى، 2546 تونىنا كىراخمال، 38 مىڭ 300 تونىنا ئۇن، 7174 تونىنا ئىسپىرت ئىشلەپچىقىرىلدى.

بىناكارلىق كەسپىدە تۇراقلىق مۈلۈككە 468 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، شى بويىچە ئۆي - ئىمارەت قۇرۇلۇشى كۆلىمى 430 مىڭ 300 كۋادرات مېتىر بولۇپ، پۈتكەن قۇرۇلۇش كۆلىمى 356 مىڭ 800 كۋادرات مېتىر؛ بىناكارلىق - قۇرۇلۇشنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 200 مىليون 670 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان بىناكارلىق - قۇراشتۇرۇش كارخانىلىرىنىڭ 94 مىليون 400 مىڭ يۈەن.

ترانسپورت قوشۇلما قىممىتى 72 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە، يۈك ئوبوروت مىقدارى 287 مىليون 369 مىڭ تونىنا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 203 مىليون 639 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى.

ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 458 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ سېتىلىش سوممىسى 620 مىليون 370 مىڭ يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئورۇنلىرىنىڭ 454 مىليون 750 مىڭ يۈەن، يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ 165 مىليون 620 مىڭ يۈەن. توپ ۋە پارچە سېتىش سودىسى، يېمەك - ئىچمەك كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 78 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى. تاشقى سودىدىكى ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 8 مىليون 250 مىڭ دوللار بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت سوممىسى 5 مىليون 710 مىڭ دوللار، ئېكسپورت سوممىسى 2 مىليون 540 مىڭ دوللار.

سۇغۇرتا كەسپىي كىرىمى 32 مىليون 120 مىڭ يۈەن بولدى، 4607 تۆلەم دېلوسى بىر تەرەپ قىلىنىپ، 22 مىليون 620 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەپ بېرىلدى.

پەن - تېخنىكا نەتىجىسىدىن بىر تۈر بىڭتۈەن دەرىجىلىك، بىر تۈر شى دەرىجىلىك باھالاشتىن ئۆتتى. شى بويىچە پەن - تېخنىكا مۇلازىمىتىگە قاتناشقان تېخنىكا خادىمى 1711 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا، ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 304. پەن - تېخنىكىدا ئۈلگە كۆرسىتىش تۈەنىدىن 2 سى (بىرى بىڭتۈەننىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدا، بىرى شىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدا ئۆلچەمگە يەتكەن)، لىيەندىن 86 سى، ئىمبنا - گۇرۇپپىدىن 381 ى، ئائىلىدىن 2906 سى بارلىققا كەلدى. «ئىللىق بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش پەن - تېخنىكىسى»دىن 20 مىڭ پارچە تارقىتىلدى. شىدا ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپتىن 33ى، باشلانغۇچ مەكتەپتىن 48ى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىدىن 3006 سى بار، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 2155. باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقانلار 24 مىڭ 730، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقانلار 12 مىڭ 326؛ كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكومدىن 4ى بولۇپ، بۇلاردىكى ئوقۇغۇچى 946؛ چوڭلار مائارىپى، رادىئو پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئوقۇغۇچى 127؛ يېزا ئىگىلىك رادىئو مەكتىپىدىكى ئوقۇغۇچى 814. ھەرخىل پەنلەر بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھان بېرىشكە 1835 ئادەم (قېتىم) تىزىملاتقان بولۇپ، 385 ئادەم (قېتىم) يەككە پەنلەر بويىچە لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى، 31 ئادەم ئالىي تېخنىكومنى پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى ئالدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن «مەيچۈر لوڭقىسى» ياشلار - ئۆسمۈرلەر پەن - تېخنىكا ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسىدە شىدىن تاللاپ ئەۋەتىلگەن 2 ئەسەر 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 3 ئەسەر 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 5 ئەسەر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بىر دوختۇرخانا ناھىيە (تۈەن) دەرىجىلىك 2 - «ئا» دوختۇرخانا، 19 دوختۇرخانا 1 - دەرىجىلىك «ئا» دوختۇرخانا، بىر

دوختۇرخانا 1 - دەرىجىلىك «ب» دوختۇرخانا بولدى. 18 دوختۇرخانا «بوۋاقلارنى سۆيۈش دوختۇرخانىسى» دېگەن نامغا ئېرىشتى. كارىۋات 1428گە، سەھىيە - تېخنىكا خادىمى 1729گە، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي ساپالىق مىللەت سەھىيە - تېخنىكا خادىمى 167گە يەتتى، دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالانغان كېسەللەرنىڭ ساقىيىش نىسبىتى 72.65% بولدى. 10 تۈرلۈك ئاممىۋى خاراكتېرلىك مەدەنىيەت پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇلدى. ئون يۇلتۇزلۇق مەدەنىي ئائىلە داۋاملىق كۆپەيدى. ھاللىق لېنىيىدە قۇرۇلۇشى تېزلەشتى. ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ھېكايىلەر توپلىمى «زەربە» بىلەن نەسرلەر توپلىمى «ئېلى شامىلى»نى نەشر قىلدى. بىڭتۇەندە ئۆتكۈزۈلگەن سۈرەتلەر كۆرگەزمىسىگە 4 كىشىنىڭ 8 پارچە ئەسىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى، 2 ئەسەر مۇكاپاتلاندى. شى سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى شىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ سىملىق تېلېۋىزىيىسىنى تورلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى، بۇنىڭ ئابونىتلىرى 6000 ئائىلىدىن ئاشتى، تېلېۋىزىيە پروگراممىسى 43 يۈرۈشكە كۆپەيتىلدى. «ئىلى بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش گېزىتى» 149 سان چىقىرىلىپ، 1 مىليون 450 مىڭ نۇسخا تارقىتىلدى، ئۇنىڭغا 3509 پارچە ماقالە بېسىلدى، 10 مىڭ 630 پارچە ماقالە سىرتقى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 2517 سى ئۆلكە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى گېزىت ژۇرناللارغا بېسىلدى، 7 پارچىسى مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىدا ئاڭلىتىلدى. 1999 - يىلى شى بويىچە 12 ئىلغار كوللېكتىپ، 35 نەپەر ئىلغار شەخس ئاپتونوم رايون ۋە بىڭتۇەن تەرىپىدىن تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى. 16 نەپەر پېشقەدەم بىڭتۇەن ئۆسمۈرلەر خىزمەت كومىتېتىنىڭ تۆت يۇلتۇزلۇق كىچىك قورغۇي مېدالىغا ئېرىشتى، تۇەننىڭ 2 نەپەر رەھبىرى بىڭتۇەن بويىچە «كۆزگە كۆرۈنگەن ئون ياش»، «مۇنەۋۋەر ياش ئىگىلىك باشقۇرغۇچى» دېگەن نامغا، 2نەپەر ج خ كادىر - ساقچىسى بىڭتۇەن بويىچە «مۇنەۋۋەر ياش قوغدىغۇچى» دېگەن نامغا، 3 نەپەر ئىتتىپاق كادىرى ئاپتونوم رايون بويىچە «مۇنەۋۋەر ئىتتىپاق كادىرى»، «مۇنەۋۋەر ئىتتىپاق ئەزاسى» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

1999 - يىلى ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە مائاش خاراكتېرلىك كىرىمى 4461 يۈەندىن توغرا كەلدى. دېھقانچىلىق چارۋىچىلىق تۇەن، مەيدانلىرىدا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ساپ كىرىم 2795 يۈەن، كەسپكارلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 4385 يۈەن بولدى.

شياۋ يىڭمىڭ

## يېزا ئىگىلىك 5 - شىسى

1 - سىياسىي كومىسسار: ۋاڭ ۋېي؛ شىجاڭ: يۈ جىجى؛ سىياسىي كومىسسار: جياڭ جيەنشۈن؛ مۇئاۋىن شىجاڭلار: چېرنا (موڭغۇل)، ۋاڭ جىدۇ (موڭغۇل)، يۈ داچىڭ؛ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: جاڭ شۇنباڭ، جاۋ باۋپىڭ.

1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى نوپۇسى 101 مىڭ 986، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 53 مىڭ 855، ئايال 48 مىڭ 131. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 9.35‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 6.27‰. ئىشچى - خىزمەتچىسى 37 مىڭ 200.

1999 - يىلى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 618 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 295 مىليون يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 129 مىليون يۈەن، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 193 مىليون يۈەن.

1999 - يىلى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 672 مىليون يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىقنىڭ 598 مىليون 810 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 7 مىليون 830 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 61 مىليون 380 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 2 مىليون 400 مىڭ يۈەن. 48 مىڭ 700 گېكتار يەر تېرىلدى، 63 مىڭ 809 توننا ئاشلىق، 41 مىڭ 127 توننا پاختا، 7185 توننا ياغلىق دان، 139 مىڭ 171 توننا قىزىلچا، 1143 توننا مېۋە ئېلىندى. ئورمان كۆلىمى 9274 گېكتارغا يەتتى، يىل ئاخىرىدا قولغا قالغان چارۋا 272 مىڭ 300 تۇياق. 4690 توننا گۆش، 718 توننا قوي يۇڭى، 378 توننا سۈت مەھسۇلاتى ئېلىندى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 100 مىڭ 800 كىلوۋاتقا يەتتى، يېزا ئىگىلىكىگە 17 مىڭ 498 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت (ساپ مىقدارى)، 1897 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 92 مىليون 590 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئىشلىتىلدى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 221 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 286 مىليون 285 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېنىك سانائەتنىڭ 158 مىليون 31 مىڭ يۈەن، ئېغىر سانائەتنىڭ 128 مىليون 254 مىڭ يۈەن. سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 92 مىليون يۈەن بولدى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىدىن 153 مىليون 290 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 72 مىڭ 400 توننا كۆمۈر، 242 توننا قەغەز، 42 مىڭ 53 توننا پاختا، 4479 توننا پاختا يىپ، 12 مىڭ 429 توننا سۈت يېغى، 12 مىڭ 898 توننا بۇغداي

ئۈنى، 1641 توننا سۈلياۋ بويۇق ئىشلەپچىقىرىلدى. مۇستەقىل ھېساپات قىلىدىغان كارخانىلار 21 مىليون 280 مىڭ يۈەن زىيان تارتتى. بىناكارلىق - قۇرۇلۇش قىممىتى 128 مىليون يۈەنگە، قۇرۇلۇش كۆلىمى 226 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 204 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى. قاتناش - ترانسپورتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 19 مىليون يۈەنگە، يۈك توشۇش مىقدارى 97 مىليون 170 مىڭ تونننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى توشۇش مىقدارى 85 مىليون 160 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى. مۇستەقىل ھېساپات قىلىدىغان ترانسپورت كارخانىلىرىنىڭ يىللىق كىرىمى 6 مىليون 910 مىڭ يۈەن بولدى.

شۇ بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 172 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە، تاۋارلارنىڭ سېتىلىش سوممىسى 764 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئىمپورت - ئېكسپورت قىممىتى 6 مىليون 425 مىڭ دوللار بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 95 مىڭ دوللار، ئىمپورت سوممىسى 6 مىليون 330 مىڭ دوللار.

سۇغۇرتا كەسپىي كىرىمى 26 مىليون 840 مىڭ 400 يۈەنگە يەتتى. 3548 تۆلەم دېلوسى بىر تەرەپ قىلىنىپ، 14 مىليون 849 مىڭ 800 يۈەن تۆلەم تۆلەندى.

شىدىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 5456 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 160، ئوتتۇرا دەرىجىلىكلەر 1125، باشلانغۇچ دەرىجىلىكلەر 4023. ھەرخىل تېمىدىكى 140 تۈر (قېتىم) بويىچە تەتقىقات قانات يايدۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە شىدىن يۇقىرى تېما 30. «شامال ئېغىزى رايونلىرىدا سۈلياۋ يوپۇق يېپىش ماشىنىسى تەتقىقاتى» ۋە «شورغا سۇ پۈركۈپ يۇيۇشنى سىناق قىلىش تەتقىقاتى» بىڭتۇەن بويىچە 3 - دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 84 -، 87 -، 89 - تۇەن - مەيدانلار ئۈستىگە ئالغان «چىگىتلىك پاختا سېتىۋېلىشنى باشقۇرۇش سىستېمىسى» ۋە «جۇڭگو مېرىنوس U نەسلى سىستېمىسىدىكى قويلارنى كۆپەيتىش بازىسى قۇرۇلۇشى» تۈرى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا مەملىكەت ئىچىدە ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى. شى بويىچە 2 ئوتتۇرا تېخنىكوم، 15 ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ، 14 باشلانغۇچ مەكتەپ، 11 باللار باغچىسى بار. مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 22 مىڭ 502، بۇنىڭ ئىچىدە باشلانغۇچ مەكتەپتىكىلەر 16 مىڭ 226. سەھىيە ئاپپاراتى 196، بۇنىڭ ئىچىدە: دوختۇرخانا 13، ئامبۇلاتورىيە 171، يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى 12، سەھىيە خادىمى 922، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 724 كارىۋات ئىشلىتىلىدۇ.

تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىدە، يۈسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەش بولدى. تۇەن - مەيدان تەزكىرىسىدىن 10 پارچىسىنىڭ دەسلەپكى ئورىگىنالى تاماملىنىپ 5 ى تەكشۈرۈلدى، «85 - تۇەن تەزكىرىسى» نەشر قىلىندى. ئاھالىلەرنىڭ بانكىدىكى ئامانەت پۇلىنىڭ قالدۇقى 330 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئامانەت پۇل 3238 يۈەن بولدى. 64 كارخانا ياشانغانلار كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش تۇپلاشقا، 29 مىڭ 547 كىشى سۇغۇرتىغا قاتناشتى، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققانلاردىن 14 مىڭ 851 كىشى ياشانغانلار كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش تۇپلاشقا قاتناشتى.

شۇ فۇلەي

## يېزا ئىگىلىك 6 - شىسى

1 - سىياسىي كومىسسار: جىن شېڭخۇي (قوشۇمچە)؛ شىجاڭ: لى يۈڭشيەن؛ سىياسىي كومىسسار: جۇ جىڭجۇن؛ مۇئاۋىن شىجاڭلار: چېن پىڭ (ئايال)، يۇ شاڭجى، شۇ شۇدۇڭ، جاڭ لىڭزې؛ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: شۇ يىڭجۇ، جاڭ يۇڭ.

1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى نوپۇسى 274 مىڭ 800، بۇنىڭ ئىچىدە ئاياللار 131 مىڭ، ئاز سانلىق مىللەتلەر 20 مىڭ، يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 170 مىڭ 600، تۇراقسىز نوپۇس 11 مىڭ 900. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 13.8‰، ئۆلۈش نىسبىتى 3.52‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 4.61‰. مۇستەقىل ھېساپات قىلىدىغان كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار 116 (كارخانا 52، كەسپىي ئورۇن 57، ئورگان 7)، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت كارخانىسى، كەسپىي ئورۇن 108، كوللېكتىپ ئورۇن 8. دۆلەت كارخانىلىرى ئىچىدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۇەن - مەيدانى 19، كەسپكارلار 104 مىڭ 800.

شى بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1 مىليارد 531 مىليون يۈەن (ھازىرقى باھا بويىچە). بۇنىڭ ئىچىدە: 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 743 مىليون يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 301 مىليون يۈەن، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 487 مىليون يۈەن.

يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 477 مىليون يۈەنگە يەتتى. شى بويىچە تېرىلغان يەر كۆلىمى 115 مىڭ 100 گېكتار. 197 مىڭ 556 توننا ئاشلىق، 75 مىڭ 976 توننا پاختا، 19 مىڭ 153 توننا ياغلىق دان، 107 مىڭ 928 توننا قىزىلچا، 1110 توننا قۇلماق، 3579 تونننا قارا



**1999 - يىلى قىشتا بىڭتۇەندىكى ھەر قايسى شى، ئىدارىلەر ئۇنتۇرا، تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىزلارنى ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. رەسىمدىكى يېزا ئىگىلىك 6 - شى فاڭساۋخۇ دېھقانچىلىق مەيدانى 1 - شۆبە مەيدانىنىڭ قۇم توشۇپ تۇپراقنى ئۆزگەرتىش ئىش مەيدانى.**

جياڭ كېدىڭ فوتوسى

گازىر، 95 مىڭ 618 توننا قوغۇن - تاۋۇز، 1238 توننا مېۋە ئېلىندى. 1344 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، پارچە - پۇرات يەرلەرگە 596 مىڭ 800 تۈپ كۆچەت تىكىلدى، يىللىق كۆچەت مەھسۇلاتى 1 مىليون 459 مىڭ 600 تۈپكە يەتتى. 1219 كۇب مېتىر ياغاچ كېسىلدى. يىل ئاخىرىدا قولغا قالغان چارۋا 457 مىڭ 800 تۇياق. 14 مىڭ 503 توننا گۆش، 3389 توننا سۈت، 870 توننا قوي يۇڭى، 1796 توننا تۇخۇم، 1084 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 271 مىڭ 500 كىلوۋاتقا يەتتى. يېزا ئىگىلىكتە 5876 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 34 مىڭ توننا خىمىيىۋى ئوغۇت (ساپ مىقداردا)، 15 مىڭ 600 توننا دىزېلىن، 218 مىليون 880 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئىشلىتىلدى، 6700 گېكتار ئۇنتۇرا، تۆۋەن ھوسۇللۇق يەر ئۆزگەرتىلدى. 3300 گېكتار بوزيەر ۋە تاشلاندۇق يەر ئېچىلدى ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، 2700 گېكتار يەرگە يېڭىدىن پۈركۈپ سۇغىرىش مۇئەسسەسى ئورنىتىلدى.

شى بويىچە سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 190 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىدىن 11 مىڭ 862 توننا پاختا يىپ، 856 مىڭ 800 توننا كۆمۈر، 60 مىڭ 400 توننا كوكس، 539 مىڭ 600 يۈگەم ماي قەغەز، 33 مىڭ توننا ئۇن، 21 مىڭ 600 توننا سۇ يېغى، 2860 دانە سۇ ناسوسى، 6043 توننا ىسرىكمە سۈيۈق سوپۇن، 19 مىڭ 200 توننا شېكەر، 3868 توننا ئارىلاشما يوغۇز، 5971 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 32 مىڭ 100 توننا سېمونت، 72 مىڭ 200 توننا ساپ پاختا، 250 مىليون 360 مىڭ دانە خىش، 6196 توننا پەمىدۇر قىيامى ئىشلەپچىقىرىلدى. 112 دانە ئاپتوموبىل ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇلدى.

بىناكارلىقنىڭ قوشۇلما قىممىتى 111 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئۆي - ئىمارەت قۇرۇلۇش كۆلىمى 535 مىڭ 500 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت قۇرۇلۇش كۆلىمى 465 مىڭ 600 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. شى بىناكارلىق - قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇش باش شىركىتى مەھسۇلات قىممىتى 64 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈپ، 1 مىليون 415 مىڭ 500 يۈەن پايدا يارىتىپ، بىڭتۇەندىكى دۆلەت بىناكارلىق كارخانىلىرى بويىچە 2 - ئورۇنغا ئۆتتى.

شى بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 613 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 379 مىليون يۈەن (دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشچىلىرىنىڭ خەتەرلىك، كونا ئۆيلىرىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 164 مىليون يۈەن.

شى بويىچە ھەرخىل ئاپتوموبىل 2764 بولۇپ، تاشيول ترانسپورتىنىڭ قىممىتى 59 مىليون يۈەنگە، يۈك ئوبوروت مىقدارى 243 مىليون توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 358 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى.

شى بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 440 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، توپ سېتىش - پارچە سېتىش كەسىپدىكىلەرنىڭ 292 مىليون يۈەن، يېمەك - ئىچمەك كەسىپدىكىلەرنىڭ 35 مىليون يۈەن، ياساش كەسىپدىكىلەرنىڭ 43 مىليون يۈەن، باشقا كەسىپتىكىلەرنىڭ 70 مىليون يۈەن. ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ سېتىلىش سوممىسى 1 مىليارد 540 مىليون يۈەنگە يەتتى.

شى بويىچە تاشقى سودىنىڭ ئەمەلىي ئىمپورت - ئېكسپورت قىممىتى 2 مىليون 370 مىڭ 900 دوللارغا

يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورتنىڭ 604 مىڭ 300 دوللار، ئىمپورتنىڭ 1 مىليون 766 مىڭ 600 دوللار.

شى بويىچە 21 پەن تەتقىقات ئورنى بولۇپ، ئۇنىڭدا 1318 ئىشچى - خىزمەتچى، 337 تېخنىكا خادىمى بار. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 36، ئوتتۇرا دەرىجىلىكلەر 89، باشلانغۇچ دەرىجىلىكلەر 210؛ تۈەن (زاۋۇت) لاردىكى كەسپىي تېخنىكا كادىر 7494 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 141، ئوتتۇرا دەرىجىلىكلەر 1234، باشلانغۇچ دەرىجىلىكلەر 6119. شى بويىچە تۈرلۈك پەن - تېخنىكا تۈرىدىن 62 سى تۇرغۇزۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە مىنىستىرلىك دەرىجىلىك تۈر بىر، بىڭتۈەن دەرىجىلىك تۈر 5، شى دەرىجىلىك تۈر 56. «يېزا ئىگىلىك 6 - شى پەن - تېخنىكا ئۇچۇرى»دىن 6 سان چىقىرىلدى. ئۇنىڭغا تۈرلۈك ئۇچۇردىن 289 ى بېسىلدى. شى بويىچە چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكومى 2، ئوقۇغۇچىسى 2043، كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ 7، ئوقۇغۇچىسى 2392؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 36، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 1738. ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 4447، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 10 مىڭ 14. ئادەتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 63، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 1911، ئوقۇغۇچىسى 33 مىڭ 480. باللار باغچىسى 29، باغچىدىكى بالا 4850. شى بويىچە كۇتۇپخانا 67، ئۇلاردا ساقلىنىۋاتقان كىتاب 587 مىڭ 500 پارچە، ئىشچى - خىزمەتچىلەر مەدەنىي پائالىيەت مەركىزى 453، بۇنىڭ ئىچىدە لىيەندۈيلەرنىڭ مەدەنىي پائالىيەت ئۆيى 376. «جۇڭغار گېزىتى» 101 سان 404 بەت چىقىرىلىپ، 808 مىڭ نۇسخا تارقىتىلدى. شى بويىچە كىنو قويۇش ئاپپاراتى 8 بولۇپ، 550 قېتىم كىنو قويۇلدى، ئۇنى كۆرگۈچىلەر 200 مىڭ ئادەم (قېتىم) غا يەتتى. تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى 11، بۇنىڭ ئىچىدە سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى 10؛ ئۇلاپ تارقىتىش ۋە كۈچەيتىپ بېرىش ئىستانسىسى 30، چاستوتىسى تەڭشىلىدىغان رادىئو ئىستانسىسى 15، سىملىق رادىئو ئىستانسىسى (ئۆزبېلى) 17. سەھىيە ئاپپاراتى 47، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا 22، ئامبۇلاتورىيە 4، سەھىيە يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى 20، ئوتتۇرا دەرىجىلىك دورىگەرلىك ماتارىپ ئاپپاراتى بىر. كارۋات 1624 بولۇپ، ھەر 10 مىڭ ئادەمگە 60 تىن توغرا كېلىدۇ. سەھىيە تېخنىكا خادىمى 2130، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 1084 بولۇپ، ھەر 10 مىڭ ئادەمگە 40 تىن توغرا كېلىدۇ.

شى بويىچە ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئومۇمىي مائاش سوممىسى 445 مىليون 290 مىڭ يۈەن، ئۆز ئورنىدىن ئايرىلغان، ئەمما ئەمگەك مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش خىراجىتى 9 مىليون 790 مىڭ يۈەن. ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە مائاشى 5008 يۈەن.

شى بويىچە 4349 ئائىلىلىك ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ خەتەرلىك، كونا ئۆيلىرىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى پۈتتى، قۇرۇلۇش كۆلىمى 414 مىڭ 159.4 كۋادرات مېتىر بولۇپ، بۇنىڭغا 169 مىليون 450 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

گوڭ چېڭشۈەن

## يېزا ئىگىلىك 7 - شىسى

شىجاڭ: لى جىنگۋاڭ؛ سىياسىي كومىسسار: ۋاڭ جىلياڭ؛ مۇئاۋىن شىجاڭلار: شېن باۋشياڭ، جۇ كەيپىڭ، گو جۇڭلىن، ۋاڭ يىلۇ؛ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: دېڭ خەيشاڭ، دۆيشەن توقتوۋا (قازاق)، ليۇ گېيۇ (ئايال).

1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى نوپۇسى 208 مىڭ 764، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ 201 مىڭ 590، ئاز سانلىق مىللەتلەر 7174، نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 8.34‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 4.05‰ بولدى.

1999 - يىلى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1 مىليارد 515 مىليون 190 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە: 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 742 مىليون 10 مىڭ يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 383 مىليون 830 مىڭ يۈەن، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 389 مىليون 350 مىڭ يۈەن.

1999 - يىلى دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 355 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 82 مىڭ 100 گېكتار يەر تېرىلدى. 53 مىڭ 946 توننا ئاشلىق، 91 مىڭ 343 توننا پاختا، 121 مىڭ 348 توننا قىزىلچا، 17 مىڭ 457 توننا مېۋە، 29 مىڭ 200 توننا پەمىدۇر قىيامى ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا 335 مىڭ 300 تۇياق. 10 مىڭ 15 توننا گۆش، 16 مىڭ 974 توننا سۈت، 3871 توننا تۇخۇم، 1086 توننا قوي يۇڭى ئېلىندى.

1999 - يىلى سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 823 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە، سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 243 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىدىن 20 مىڭ 73 توننا پاختا يىپ، 21 مىليون 30 مىڭ مېتىر پاختا رەخت، 17 مىڭ 143 توننا پەمىدۇر قىيامى، 10 مىڭ 422 توننا ئارىلاشما يەم - بوغۇز، 134 توننا سۈت

ياسالمىلىرى، 27 مىڭ 791 توننا شېكەر، 96 مىڭ 738 توننا پاختا، 11 مىڭ 357 توننا سۇ يېغى، 180 مىڭ توننا كۆمۈر، 2 مىليارد 340 مىليون كىلوۋات سائەت توك، 153 مىليون 60 مىڭ دانە خىش، 10 مىڭ 889 توننا سۇلغات كىسلاتاسى ئىشلەپچىقىرىلدى. ترانسپورتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 53 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە، يۈك ئوبوروت مىقدارى 238 مىليون 870 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 230 مىليون 210 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى.

شى بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 463 مىليون 640 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 1 - كەسىپكە سېلىنغىنى 167 مىليون 360 مىڭ يۈەن، 2 - كەسىپكە سېلىنغىنى 71 مىليون 180 مىڭ يۈەن، 3 - كەسىپكە سېلىنغىنى 225 مىليون 100 مىڭ يۈەن.

1999 - يىلى بىناكارلىق - قۇرۇلۇش مەھسۇلات قىممىتى 457 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق قوشۇلما قىممىتى 140 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە، ئۆي - ئىمارەت قۇرۇلۇش كۆلىمى 418 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 378 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى. يېزا ئىگىلىك ماشىنا - ئۈسكۈنىلىرى 1492 دانە بولۇپ، ئومۇمىي قۇۋۋىتى 33 مىڭ 700 كىلوۋاتقا يەتتى.

1999 - يىلى ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 274 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە: يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 111 مىليون 590 مىڭ يۈەن، دۆلەت سودىسىنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 162 مىليون 800 مىڭ يۈەن. تاۋارلارنىڭ سېتىلىش سوممىسى بويىچە 1 مىليارد 277 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 2 مىليون 936 مىڭ 500 دوللارغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورتنىڭ 358 مىڭ 900 دوللار، ئېكسپورتنىڭ 2 مىليون 577 مىڭ 600 دوللار.

1999 - يىلى شى بويىچە 402 ئوقۇغۇچى ئالىي مەكتەپلەرگە كىردى، بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق كۇرسقا كىرگىنى 256. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 2292، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 6000، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 21 مىڭ 566. 24 باللار باغچىسى بار، ئۆتكەندىكى بالا 6557. تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 99%كە يەتتى. 15 دوختۇرخانا، 12 سەھىيە - پۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى، 1856 كارىۋات بار.

1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا دۆلەت ئورۇنلىرىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى 66 مىڭ 451 بولدى، ئۇلارنىڭ يىللىق مائاش ئومۇمىي سوممىسى 330 مىليون 980 مىڭ يۈەن، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مائاشى 4897 يۈەن.

سۇن سەنشى

## يېزا ئىگىلىك 8 - شىسى

شىجاڭ: دىڭ شىڭدۇەن؛ سىياسىي كومىسسار: مار ۋاڭ؛ مۇئاۋىن شىجاڭلار: جۇاڭ جيۈشى، لى شيۇشيەن، جاڭ شيەنفۇ، ساۋ شەنمىن، لو يۇڭجى؛ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: چېن دېجۇن (ئاپال)، جاڭ زۇشۇ، ليۇ جيەنشىن.

يېزا ئىگىلىك 8. شى بىلەن شىخەنزە شەھىرىنىڭ 1999 - يىل ئاخىرىدىكى نوپۇسى 587 مىڭ 900، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 304 مىڭ، ئاز سانلىق مىللەتلەر 29 مىڭ 500. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 10.02‰، ئۆلۈش نىسبىتى 4.34‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 5.68‰. پىلانلىق تۇغۇت نىسبىتى 100%. يىل ئاخىرىدىكى ئىجتىمائىي ئەمگەكچى 201 مىڭ 300. شىغا قاراشلىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانى 18.

ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 3 مىليارد 802 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 300 مىليون يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 238 مىليون يۈەن، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 264 مىليون يۈەن.

يېزا ئىگىلىكنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 300 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىقنىڭ 1 مىليارد 152 مىليون يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 6 مىليون يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 122 مىليون يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 66 مىليون يۈەن. 154 مىڭ 600 گېكتار يەرگە دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى تېرىلدى. 198 مىڭ 700 توننا ئاشلىق، 154 مىڭ 100 توننا پاختا، 407 مىڭ توننا قىزىلچا، 4840 توننا ياغلىق دان، 222 مىڭ 900 توننا كۆكتات، 63 مىڭ 400 توننا قوغۇن - تاۋۇز، 6851 توننا مېۋە ئېلىندى. 1884 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا 504 مىڭ 700 تۇياق. 20 مىڭ 316 توننا گۆش، 21 مىڭ 188 توننا سۈت، 1099 توننا قوي يۇڭى، 5405 توننا تۇخۇم، 2622 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قۇۋۋىتى 308 مىڭ 600 كىلوۋاتقا يەتتى. يېزا ئىگىلىكتە 7106 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 938 توننا دېھقانچىلىق دورىسى، 51 مىڭ 67 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت (ساپ ئوغۇت) ئىشلىتىلدى. ئۈنۈملۈك سۇغىرىش كۆلىمى 182 مىڭ 400 گېكتارغا يەتتى. تۈەن - مەيدان ۋە يېزىلاردا 201 مىليون 950 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئىشلىتىلدى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ

ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 567 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 67 مىليون 990 مىڭ يۈەن پايدا - باج يارىتىلدى.

سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 961 مىليون يۈەنگە، سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 49 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ۋە يېيى دۆلەت تەرىپىدىن كونترول قىلىنىدىغان كارخانىلارنىڭ 2 مىليارد 641 مىليون يۈەن. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىدىن 589 مىڭ 900 توننا كۆمۈر، 839 مىليون كىلوۋات سائەت توك، 34 مىڭ توننا پاختا يىپ، 70 مىليون 920 مىڭ مېتىر پاختا رەخت، 44 مىڭ 900 توننا شېكەر، 5059 توننا تېتىتقۇ، 6276 توننا ئىسپىرت، 14 مىڭ 572 توننا پەمىدۇر قىيامى، 22 مىڭ 875 توننا ئىچىملىك - ھاراق، 53 مىڭ 960 توننا سۆ يېغى، 56 مىڭ 300 توننا ئۇن، 40 مىڭ 334 توننا يەم - بوغۇز، 28 مىڭ 300 توننا قەغەز ۋە قەغەز پەنەركە، 20 مىڭ 500 توننا سۇلياۋ ياسالمىلىرى، 234 مىڭ توننا سېمونت ئىشلەپچىقىرىلدى.

بىناكارلىقنىڭ قوشۇلما قىممىتى 277 مىليون يۈەنگە، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت قۇرۇلۇش كۆلىمى 1 مىليون 151 مىڭ 200 كۋادرات مېتىرغا يەتتى، مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان دۆلەت بىناكارلىق - قۇراشتۇرۇش كارخانىلىرى 209 مىڭ يۈەن پايدا ئالدى.

شى بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 1 مىليارد 78 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئىقتىسادىي ئورۇنلارنىڭ سالغىنى 941 مىليون يۈەن، يەككە ئىگىلىكتىكىلەرنىڭ 30 مىليون يۈەن، باشقا ئىگىلىكتىكىلەرنىڭ 106 مىليون يۈەن. يېڭىدىن ئىش باشلانغان ئاساسىي قۇرۇلۇش، يېڭىلاش - ئۆزگەرتىش تۈرى 371، پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن تۈر 305، بۇنىڭ ئىچىدە 5 مىليون يۈەندىن يۇقىرى مەبلەغ سېلىنىپ قۇرۇلۇۋاتقان تۈر 43، پۈتكىنى 24. شۇ يىلى يېڭىدىن كۆپەيگەن تۇراقلىق مۈلۈك قىممىتى 1 مىليارد 41 مىليون يۈەن.

1999 - يىلى ترانسپورتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 148 مىليون يۈەنگە، تاشيول يۈك ئوبوروت مىقدارى 547 مىليون توننا - كىلومېتىرغا، تاشيول يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 465 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا، خەلق ئاپتوموبىلى 7331غا يەتتى. يىل ئاخىرىدا يەرلىك تورغا كىرگەن تېلېفون ئابونېنتلىرى 84 مىڭ 55كە يەتتى. 326 مىليون 990 مىڭ پارچە پوچتا خەت - چېكى تارقىتىلدى. پوچتا كەسپىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 207 مىليون يۈەنگە يەتتى.

ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 1 مىليارد 376 مىليون يۈەنگە، نۇقتىلىق سودا كارخانىلىرىنىڭ تاۋار سېتىۋېلىش سوممىسى 1 مىليارد 571 مىليون يۈەنگە، تاۋارلارنىڭ سېتىلىش سوممىسى 2 مىليارد 248 مىليون يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدىكى ئىسكىلاتتىكى تاۋار قالدۇقى 1 مىليارد 102 مىليون يۈەن بولدى. 19 مىليون 740 مىڭ يۈەن پايدا يارىتىلدى.

تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 38 مىليون 290 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 21 مىليون 860 مىڭ دوللار، ئىمپورت سوممىسى 16 مىليون 430 مىڭ دوللار. يېڭىدىن 9 كېلىشىم، توختام ئىمزالاندى، 123 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى، 13 توختام ئىجرا قىلىندى، بۇنىڭغا 260 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. دۆلەت ئىچى ۋە چەت ئەلدىن كەلگەن ساياھەتچىلەردىن 293 مىڭ ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى.

شىخەنزە ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 186 مىليون يۈەنگە يەتتى، ئىجتىمائىي تۇراقلىق مۈلۈككە 174 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر رويخەتكە ئالدۇرۇلغان كارخانا 263كە، مەبلەغ 696 مىليون يۈەنگە، شۇ يىلى يېڭىدىن رويخەتكە ئالدۇرۇلغان كارخانا 29غا، مەبلەغ 95 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سىرتتىن كىرگۈزۈش - ئىچكى جەھەتتە بىرلىشىش توختام تۈرىدىن 5ى يېڭىدىن ئىمزالاندى، بۇنىڭ كېلىشىم سوممىسى 25 مىليون 420 مىڭ يۈەن.

1999 - يىلى مالىيە كىرىمى 175 مىليون 920 مىڭ يۈەن، مالىيە چىقىمى 194 مىليون 850 مىڭ يۈەن بولدى. يىل ئاخىرىدا پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 6 مىليارد 393 مىليون يۈەنگە، ھەرخىل قەرز قالدۇقى 3 مىليارد 969 مىليون يۈەنگە، يىللىق سۇغۇرتا سوممىسى 12 مىليارد 160 مىليون يۈەنگە، سۇغۇرتا كىرىمى 107 مىليون يۈەنگە، مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى تۆلىمى 15 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە، جىسمانىي سۇغۇرتا ۋە بېرىلگەن پۇل 7 مىليون 160 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىغا قەدەر، 427 مىڭ 200 ئادەم تۈرلۈك جىسمانىي سۇغۇرتىغا قاتناشتى.

يىل ئاخىرىدا شى، شەھەر بويىچە دۆلەت كارخانىسى، كەسپىي ئورۇنلاردىكى كەسپىي تېخنىكا خادىمى 25 مىڭ 200، شۇ يىلى 99 تۈردىكى پەن تەتقىقات تېمىسى ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، 21 تۈردە زور پەن - تېخنىكا نەتىجىسى قولغا كەلتۈرۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە 9 تۈر دۆلەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە، 11 تۈر ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى. 3 تۈر ئاپتونوم رايون بويىچە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا، 13 تۈر بىڭتۇەن بويىچە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا، 102 تۈر دۆلەت پاتېنت ھوقۇقىغا

ئېرىشتى. ھەرخىل مەكتەپ 119، ئوقۇغۇچىسى 90 مىڭ 838، بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 8861، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىسى 4221، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 23 مىڭ 244، كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 805، تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى ئوقۇغۇچىسى 1152، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 52 مىڭ 555؛ بالىلار باغچىسى 64، ئۇنىڭدىكى بالا 16 مىڭ 454؛ چوڭلار ئالىي ۋە ئوتتۇرا تېخنىكومىدىكى ئوقۇغۇچى 7527. مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ھەرخىل مۇسابىقە پائالىيەتلىرىدە ھەر دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچىلار 272 تۇردە، ئوقۇغۇچىلار 1293 تۇردە مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 60 پارچە ئەسەر ئۆلكە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە «تاغ ئارىسىدا ياڭرىغان شادلىق ناخشىسى» 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك بويىچە «بەش بىر قۇرۇلۇشى» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ھەرخىل شەكىلدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت نومۇرلىرى 170 قېتىم كۆرسىتىلدى، ئۇنى 150 مىڭ ئادەم (قېتىم) كۆردى، بۇنىڭ ئىچىدە خەلقنىڭ ئۆرپ - ئادىتى بويىچە داقا - دۇمباق چېلىنىدىغان تۈنجى نۆۋەتلىك مەدەنىيەت بايرىمى قاتارلىق چوڭ مەدەنىيەت پائالىيىتى 18 قېتىم ئۆتكۈزۈلدى، 8200 قېتىم قويۇلدى، بۇنى كۆرگۈچىلەر 250 مىڭ ئادەم (قېتىم) غا يەتتى. تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %91كە، رادىئونىڭ قاپلاش نىسبىتى %100كە يەتتى. جامائەت كۇتۇپخانىلىرىدا 129 مىڭ پارچە كىتاب ساقلاندى. «شىخەنزە گېزىتى» 2 مىليون 450 مىڭ نۇسخا، «بوستان شېئىرىيىتى ژۇرنىلى» 20 مىڭ نۇسخا، «بوستان ئېكرانى گېزىتى» 340 مىڭ نۇسخا، «شىخەنزە مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 8000 نۇسخا تارقىتىلدى. شى ۋە شەھەرنىڭ شۇ يىل ئاخىرىدىكى سەھىيە ئاپپاراتى 52 (يەككىلەرنىڭ بۇنىڭ سىرتىدا) بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا 33، ئامبۇلاتورىيە 11، كارىۋات 4073، كەسپىي سەھىيە - تېخنىكا خادىمى 5633. شى، شەھەر 160 نەچچە قېتىم تۇرلۇك ئاممىۋى تەنتەربىيە پائالىيىتى ئۆتكۈزدى، تۇرلۇك شەكىلدىكى تەنتەربىيە ئارقىلىق ساقلىقنى ساقلاش پائالىيەتلىرىگە 160 مىڭ ئادەم (قېتىم) قاتناشتى. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مۇسابىقىلەردە 34 ئالتۇن مېدال، 27 كۈمۈش مېدال، 28 مىس مېدال ئېلىندى؛ 39 ئادەم دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك تەنھەرىكەتچىلەر تېخنىكا دەرىجىسى ئۆلچىمىگە، 59 ئادەم دۆلەتلىك 3 - دەرىجىلىك تەنھەرىكەتچىلەر تېخنىكا دەرىجىسى ئۆلچىمىگە يەتتى. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە 24 مىڭ 61 ئوقۇغۇچى ئۆلچەمگە يەتتى.

شى، شەھەر بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق مائاشى 5911 يۈەنگە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3041 يۈەنگە يەتتى. شەھەر - يېزىلاردىكى پۈتكەن تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 979 مىڭ 800 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. يىل ئاخىرىغىچە 146 مىڭ 800 ئىشچى - خىزمەتچى، 81 مىڭ دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان ئىشچى - خىزمەتچى، 1616 يەككە ئائىلە ياشانغانلار كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى، ياشانغانلار كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا 396 مىليون يۈەن يىغىۋېلىندى، 493 مىليون يۈەن چىقىم قىلىندى. قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق 750 نەپەر ئىشسىز ئىشچى - خىزمەتچى ۋە كارخانىلاردىكى ئارتۇق خادىملارنىڭ قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم بېرىلدى. ئىش ئورنىنى ئالماشتۇرۇپ قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىدىغان 2000 كىشى تەربىيىلەندى.

جۇ مېيلىڭ

## يېزا ئىگىلىك 9 - شىسى

1 - سىياسىي كومىسسار: ۋۇ چىلىن (قوشۇمچە)؛ شىجاڭ: زېي شياۋخېڭ؛ سىياسىي كومىسسار: چېڭ جياجۇ؛ مۇئاۋىن شىجاڭلار: ياڭ خېڭ، ۋۇ شىچۈەن، جاڭ لىگۈي، ليۇ مىڭفۇ، يەن فېي (ئايال)؛ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: جاڭ ئىمىن، تۇرسۇنبېك كەنجىبېك (قازاق).

1999 - يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 71 مىڭ 74، ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 18 مىڭ 755. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 8.6‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 5.1‰، پىلانلىق تۇغۇت نىسبىتى %100.

ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 383 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 156 مىليون 260 مىڭ يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 42 مىليون 420 مىڭ يۈەن. 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 184 مىليون 980 مىڭ يۈەن. شى بويىچە كۆرۈلگەن زىيان 111 مىليون 550 مىڭ يۈەن. بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىكنىڭ 57 مىليون 900 مىڭ يۈەن، سانائەتنىڭ 52 مىليون 300 مىڭ يۈەن، تاشقى سودىنىڭ 1 مىليون 350 مىڭ يۈەن.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىقنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 208 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 68 مىڭ 700 گېكتار يەرگە دېھقانچىلىق

زىرائەتلەرنى تېرىلدى، 62 مىڭ 205 توننا ئاشلىق، 37 مىڭ 601 توننا ياغلىق دان، 255 مىڭ 146 توننا قىزىلچا ئېلىندى. 394 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، يىل ئاخىرىدا قولغا قالغان چارۋا 332 مىڭ 100 تۇياق، 4965 توننا گۆش، 835 توننا قوي يۇڭى، 2217 توننا سۈت، 831 توننا تۇخۇم ئېلىندى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 102 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى. 14 مىڭ 910 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت، 172 توننا دېھقانچىلىق دورىسى، 19 مىليون 570 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئىشلىتىلدى.

شى بويىچە سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 209 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىدىن 31 مىڭ 272 توننا شېكەر، 3143 توننا ئىسپىرت، 19 مىڭ 548 توننا ئۇن، 4138 توننا سۈ يېغى، 63 مىليون 980 مىڭ دانە خىش، 49 مىليون 100 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئىشلەپچىقىرىلدى.

بىناكارلىق - قۇرۇلۇش مەھسۇلات قىممىتى 96 مىليون 861 مىڭ يۈەنگە، ئۆي - ئىمارەت قۇرۇلۇش كۆلىمى 157 مىڭ 793 كۋادرات مېتىرغا يەتتى، 230 مىڭ يۈەن پايدا ئېلىندى.

شى بويىچە ئۇراقلىق مۇلۇككە 261 مىليون 320 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئورۇنلىرىنىڭ سالغىنى 246 مىليون 650 مىڭ يۈەن، خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكىلەرنىڭ سالغىنى 14 مىليون 670 مىڭ يۈەن.

قاتناش - ترانسپورت كەسپىدە يۈك ئوبوروت مىقدارى 128 مىليون 600 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەككىلەرنىڭ 103 مىليون 670 مىڭ توننا - كىلومېتىر؛ يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 112 مىليون 160 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يەككىلەرنىڭ 51 مىليون 410 مىڭ ئادەم - كىلومېتىر.

ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 200 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە يەتتى. تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 1 مىليون 380 مىڭ دوللار بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت سوممىسى 670 مىڭ دوللار، ئېكسپورت سوممىسى 710 مىڭ دوللار. سۇغۇرتا سوممىسى 616 مىليون يۈەنگە، سۇغۇرتا كەسپىي كىرىمى 16 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1999 - يىلى 2 تۈردىكى پەن - تېخنىكا نەتىجىسى بىكتۈەننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكومىدىن 4ى، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپتىن 16 سى، باشلانغۇچ مەكتەپتىن 19ى بار. چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىسى 187، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 5360، ئادەتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 7824، باللار باغچىسىدىكى بالا 2367.

شى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن كىشىلىك ھاياتتىكى گۈللىنىش ۋە چۇشكۈنلىشىش دېگەن تېمىدا رەسىملەر كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلۈپ، كۆرگەزمىگە 160 پارچە رەسىم قويۇلدى. شى ئۆسمۈرلەر ئەدەبىيات - سەنئەت ئەترىتى بىكتۈەن بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى نۆۋەتلىك ئۆسمۈرلەر ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكىگە قاتنىشىپ كوللېكتىپ 1 - بولدى، يەككە تۈر مۇكاپاتىدىن 19نى ئالدى. يېزا ئىگىلىك 9 - شىنىڭ ئاخبارات مەركىزى يىل ئاخىرىدا پۈتۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇپ بېرىلدى. شى بويىچە 35 سەھىيە ئاپپاراتى، 632 كارىۋات، 820 كەسپىي سەھىيە - تېخنىكا خادىمى بار.

شى بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق مائاش سوممىسى 107 مىليون 935 مىڭ يۈەنگە (ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشى 92 مىليون 267 مىڭ يۈەننى شۇنىڭ ئىچىدە)، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مائاشى 4256 يۈەنگە (بۇنىڭ ئىچىدە ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە مائاشى 4849 يۈەن) يەتتى.

ۋاڭ يۇڭچياڭ

## يېزا ئىگىلىك 10 - شىسى

1 - سىياسىي كومىسسار: ليۇ جۈنجېن (قوشۇمچە)؛ شىجاڭ: ۋاڭ چۈنشېڭ؛ سىياسىي كومىسسار: ۋۇ خۇيجۈن؛ مۇئاۋىن شىجاڭلار: لى ۋېنيىڭ، شى شىنمىن، نيې يۇچياڭ، جۇ ۋېيباۋ؛ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: جۇماقان (قازاق)، تيەن جۈنشى (ئايال).

1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى نوپۇسى 71 مىڭ 938، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال 33 مىڭ 721. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 7.6‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 4‰. شىغا قاراشلىق مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇن 28، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانى 11، مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان سانائەت، قاتناش، سودا، بىناكارلىق كارخانىسى 15. يىل ئاخىرىدىكى ئەمگەك كۈچى 27 مىڭ 346.

1999 - يىلى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 315 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ 105 مىليون 630 مىڭ يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ 97 مىليون 650 مىڭ يۈەن، 3 - كەسىپنىڭ 111 مىليون 950 مىڭ يۈەن.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 327 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىقنىڭ 239 مىليون 870 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 7 مىليون 240 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 73 مىليون 350 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 7 مىليون 300 مىڭ يۈەن. 41 مىڭ 200 گېكتار يەرگە دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى تېرىلدى. 46 مىڭ 973 توننا ئاشلىق، 44 مىڭ 776 توننا ياغلىق دان، 17 مىڭ 182 توننا قىزىلچا، 3341 توننا مېۋە ئېلىندى. 1122 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا 254 مىڭ تۇياق. 5274 توننا گۆش، 498 توننا قوي يۇڭى، 1455 توننا سۈت، 1876 توننا تۇخۇم، 1879 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي قۇۋۋىتى 65 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى. 7429 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت (ساپ مىقدارى)، 81 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 18 مىليون 511 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئىشلىتىلدى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 220 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىدىن 245 توننا قەغەز ۋە قەغەز پەنەركە، 242 توننا ئىچىملىك - هاراق، 326 مىڭ توننا كۆمۈر، 56 مىليون 470 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 57 مىڭ توننا سېمونت، 21 مىڭ توننا ئۇن، 167 توننا گۈرۈچ، 78 توننا چىرىمتال، 49 مىليون 260 مىڭ دانە خىش، 15 مىڭ توننا ئاكتىپ بور تۇپىسى ئىشلەپچىقىرىلدى.

شى بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 357 مىليون 660 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئورۇنلىرىنىڭ سالغىنى 350 مىليون 890 مىڭ يۈەن، شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ سالغىنى 6 مىليون 770 مىڭ يۈەن. بىناكارلىق - قۇرۇلۇش مەھسۇلات قىممىتى 182 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە، پۈتكەن قۇرۇلۇش قىممىتى 142 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە، ئۆي - ئىمارەت قۇرۇلۇش كۆلىمى 248 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، بۇنىڭدىن پۈتكىنى 198 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

يۈك ئوبوروت مىقدارى 122 مىليون 353 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 55 مىليون 963 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، ترانسپورت كىرىمى 48 مىليون 410 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 174 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە توپ - پارچە سېتىش سودىسىنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 58 مىليون 720 مىڭ يۈەن، يېمەك - ئىچمەك كەسپىنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 12 مىليون 220 مىڭ يۈەن، ياشاش كەسپىنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 75 مىليون 490 مىڭ يۈەن، باشقا كەسىپلەرنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 27 مىليون 690 مىڭ يۈەن. شۇ يىلى ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 9 مىليون 840 مىڭ 900 دوللار ئورۇندالدى.

1999- يىلى پەن تەتقىقاتىدا 30 ئومۇملاشتۇرۇش تۈرى، 37 تەتقىقات تېمىسى چۈشۈرۈلدى، 3 پەن - تېخنىكا تۈرىگە 200 مىڭ يۈەن خىراجەت ئورۇنلاشتۇرۇلدى. نامراتلارنى يۆلەش تەرەققىيات تۈرىدىن 2 سى ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، بۇنىڭغا 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ قەرز پۇل بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان سانائەت پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى تۈرى 2، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتنىڭ «ئۇچقۇن» تۈرى بىر، بۇلارغا 8 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى كېڭەيتىش تۈرى بىر. پەن - تېخنىكا بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى 215 قارار ئېچىلىپ، 21 مىڭ 423 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى. پەننى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر ھەرخىل ماتېرىياللاردىن 14 مىڭ 391 پارچە بېسىپ تارقىتىلدى. بىڭتۇەن ۋە شى دەرىجىلىك پەن - تېخنىكىدا ئۆلگە كۆرسىتىش تۈەندىن 4 ى، لىيەندىن 44 ى، ئائىلىلەردىن 1300 ى بارلىققا كەلتۈرۈلدى. 184 - تۈەن - مەيدانىنىڭ بېنتونىت زاۋۇتىنىڭ ئاكتىپ بور تۇپىسىنى پارفازىسى ئارقىلىق ياساشتىن ئىبارەت تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى دۆلەت ئىچىدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى. مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچى 15 مىڭ 443، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 4139، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 9912، كەسپىي تېخنىكوم ئوقۇغۇچىسى 1392. مەكتەپكە كىرىشتىن ئىلگىرىكى تەييارلىق سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچى 3137. شى بويىچە داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى 36، سەھىيە خادىمى 838، كارىۋات 597. «شىنجاڭ بىڭتۇەن گېزىتى» 107 سان چىقىرىلىپ، 642 مىڭ نۇسخا تارقىتىلدى. «يېزا ئىگىلىك 10 - شىسى تەزكىرىسى»، «184 - تۈەن تەزكىرىسى»، «182 - تۈەن تەزكىرىسى»، «187 - تۈەن تەزكىرىسى» ئارقا - ئارقىدىن نەشر قىلىندى، «183 - تۈەن تەزكىرىسى» ئىچكى قىسىمدا نەشر قىلىندى.

1999 - يىلى شى بويىچە تارقىتىلغان مائاش ئومۇمىي سوممىسى 117 مىليون 223 مىڭ يۈەن، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئەمەلىي مائاشى 4053 يۈەن بولدى. 196 مىڭ كۋادرات مېتىر تۇرالغۇ جاي يېڭىدىن سېلىندى.

لى جياڭبو

## بىناكارلىق - قۇرۇلۇش شىسى

شىجاڭ: لى شياۋمىن؛ سىياسىي كومىسسار: فۇ

يۇەنچاۋ؛ مۇئاۋىن شىجاڭلار: جېڭ جىنشۇن، جۇ دىڭلاڭ، گۇ جىنچاڭ، ۋاڭ ۋېيجۇن، مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: خاۋ لەيجۇ، جاۋ چۇنتەن.

1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى نوپۇسى 65 مىڭ 867. بۇنىڭ ئىچىدە ئاھالە 30 مىڭ 473، ئاز سانلىق مىللەتلەر 1986. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 5.96‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 1.42‰. يىل ئاخىرىدىكى كەسپكار 25 مىڭ 800.

1999 - يىلى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 546 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ 19 مىليون 200 مىڭ يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ 485 مىليون 590 مىڭ يۈەن، 3 - كەسىپنىڭ 39 مىليون 770 مىڭ يۈەن.

1999 - يىلى بىناكارلىق كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 456 مىليون يۈەنگە، قۇرۇلۇش مەھسۇلاتى قىممىتى 1 مىليارد 391 مىليون يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى قىلىنغان ئۆي - ئىمارەت قۇرۇلۇش كۆلىمى 1 مىليون 266 مىڭ كۋادرات مېتىر، بۇنىڭدىن ئەلا قۇرۇلۇش بولغىنى 110 بولۇپ، قۇرۇلۇشنىڭ ئەلا بولۇش نىسبىتى 54.3%، ئۆي - ئىمارەتنىڭ ئەلا پۈتۈش كۆلىمى 245 مىڭ كۋادرات مېتىر بولدى. يىل ئاخىرىدا قۇرۇلۇش ماشىنا - ئۈسكۈنىلىرى 4927 گە، ماشىنىلارنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 141 مىڭ كىلوۋاتقا، تېخنىكا بىلەن قوراللىنىش نىسبىتى 6640 يۈەن / ئادەمگە، ئېنېرگىيە بىلەن قوراللىنىش نىسبىتى 5.4 كىلوۋات / ئادەمگە يەتتى.

1999 - يىلى سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 31 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 124 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىدىن 26 مىڭ توننا كۆمۈر، 49 مىڭ 900 توننا سېمونت، 86 مىليون 130 مىڭ دانە خىش، 3336.7 توننا پاختا يىپ، 16 مىڭ 600 كۇب مېتىر سېمونت قۇيۇلما، 94 مىڭ دانە يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان يورشېن، 75 مىڭ كۇب مېتىر تاۋار بېتون، 154 مىڭ كۇب مېتىر قۇم - شېغىل، 83 مىڭ كۋادرات مېتىر پولات ئىشىك - دېرىزە، 4000 دانە پولات قاناتلىق رادىئاتور، 374 توننا پولات قېلىپ، 6669 دانە ياغاچ ئۆي جاھازىلىرى ئىشلەپچىقىرىلدى. ترانسپورت كەسپىدە يۈك ئوبوروت مىقدارى 84 مىليون توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 12 مىليون 400 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى. دۆلەت ترانسپورت كىرىمى داۋاملىق تۆۋەنلىدى. مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان دۆلەت ترانسپورت كارخانىلىرىنىڭ يۈك ئوبوروت مىقدارى 22 مىليون توننا - كىلومېتىر، يىللىق تىجارەت كىرىمى 31 مىليون 140 مىڭ يۈەن بولدى. يەككە ترانسپورت كەسپى ياخشى تەرەققىيات

ۋەزىيىتىنى ساقلاپ قالدى. شى بويىچە، يەككە ترانسپورت كەسپىدە يۈك ئوبوروت مىقدارى 40 مىليون 320 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 7 مىليون 900 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى.

1999 - يىلى شى بويىچە يېزا ئىگىلىكىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 19 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 52 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 4150 گېكتار يەرگە دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى تېرىلدى. 2071 توننا ئاشلىق، 3509 توننا پاختا، 784 توننا ياغلىق دان، 8320 توننا قىزىلچا، 268 توننا مېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا 20 مىڭ 800 تۇياق. 218 توننا گۆش، 20 توننا سۈت، 46 توننا قوي يۇڭى، 42 توننا تۇخۇم ئېلىندى. 58 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 7547 كىلوۋاتقا يەتتى. 1505 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت (ساپ مىقدارى) ئىشلىتىلدى.

ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 9 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە يەتتى. توپ تارقىتىش - پارچە سېتىش سودا كەسپىنىڭ تاۋار سېتىۋېلىش سوممىسى 108 مىليون يۈەن، تاۋار سېتىش سوممىسى 129 مىليون يۈەن، يېمەك - ئىچمەك كەسپىنىڭ سېتىش كىرىمى 3 مىليون 400 مىڭ يۈەن بولدى.

شى بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 176 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 73 مىليون يۈەن، يېڭىلاش - ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 91 مىليون يۈەن، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 10 مىليون يۈەن. شۇ يىلى يېڭىدىن 168 مىليون يۈەنلىك مۇقىم مۈلۈك كۆپەيتىلدى.

1999 - يىلى شى پەن تەتقىقات ئورنىنىڭ «ئاسراش كۆمىلىچىنىڭ يېڭى مەھسۇلاتلىرىنى ئېچىش» تۈرى بىڭتۇەن پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەرىپىدىن سانائەت تەتقىقاتى پىلانىغا كىرگۈزۈلۈپ، ئالدىنقى باسقۇچلۇق تەتقىقات خىزمىتى تەلەپ بويىچە تاماملاندى. تەتقىقاتى داۋاملاشتۇرۇلۇۋاتقان تېما — «ئۇۋاق كۆمۈر كۈلى كۆپ ئارىلاشتۇرۇلغان بېتوننى سىناق قىلىش تەتقىقاتى» سىناپ كۆرۈش ئارقىلىق كۆزلەنگەن مەقسەتكە يەتتى. 3 تۈر پەن تەتقىقات خىزمىتى بويىچە ئىلغارلىق مۇكاپاتىغا، شى پەن تەتقىقات ئورنى دۆلەت پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن ئىلغار كوللېكتىپ دېگەن نامغا ئېرىشتى. شى لايىھىلەش ئورنى 151 تۈرنى لايىھىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە گېئولوگىيىگە ئائىت بولغىنى 44 تۈر، لايىھىلەش كۆلىمى 470 مىڭ كۋادرات مېتىر، تىجارەت كىرىمى 3 مىليون 980 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1 مىليون 210 مىڭ يۈەن پايدا يارىتىلدى، كىشى بېشىغا 20 مىڭ يۈەندىن

توغرا كېلىدۇ. بۇ ئورۇن بىڭتۈەن بويىچە ئۇدا 3 يىل تەكشۈرۈش - لايىھىلەشتىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. شى بويىچە 21 مەكتەپ بار، بۇنىڭ ئىچىدە پارتىيە مەكتىپى بىر، تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى بىر، ئوتتۇرا مەكتەپ 12، باشلانغۇچ مەكتەپ 7. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 7071، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 2351. ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر 679، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 501. شى بويىچە 9 دوختۇرخانا، بىر ئامبۇلاتورىيە، 8 يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى، 4 پىلانلىق تۇغۇت يېتەكچىلىك پونكىتى، 258 كارىۋات، 423 سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار. 5 دوختۇرخانا 1 - دەرىجىلىك «ئا» دوختۇرخانا قاتارىغا كىردى.

شى تەشۋىقات بۆلۈمى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان «غەربىي يۇرتقا مۇھەببەت» دېگەن تېمىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر رەسىم كۆرگەزمىسىدە ھەقىقىي خاتىرە بەدىئىي سۈرەتلەردىن 249 پارچە قويۇلدى. «بىناكارلىق - قۇرۇلۇش شىسى 7 - تۈەن تەزكىرىسى»، «بىناكارلىق - قۇرۇلۇش شىسى 4 - تۈەن تەزكىرىسى» رەسمىي نەشر قىلىپ تارقىتىلدى. ئۆلكە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى گېزىت - ژۇرنال، رادىئو ئىستانسىلىرىدا 642 پارچە ماقالە ئېلان قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە مەركەز دەرىجىلىكتە ئېلان قىلىنغىنى 38 پارچە. شى «تەڭرىتاغ قۇرۇلۇش گېزىتى»نىڭ فورماتى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى چوڭايتىلدى، شۇ يىلى 51 سان چىقىرىلىپ، 127 مىڭ 500 نۇسخا تارقىتىلدى. تېلېۋىزىيىنىڭ قاپلاش نىسبىتى %95تىن ئاشتى.

ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق مائاش ئومۇمىي سوممىسى 154 مىليون يۈەن، ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە مائاشى 5951 يۈەن بولدى.

جاڭ زۇڭمىڭ

## ئۈرۈمچى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى

ئىدارە باشلىقى: ۋۇ شىلىڭ؛ پارتكوم شۇجىسى: جياڭ چېڭفا.

1999 - يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 55 مىڭ 800، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر %34نى ئىگىلەيدۇ. شۇ يىلى نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰8.03، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰3.68 بولدى. ئىدارىگە قاراشلىق 6 دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدان ۋە بىۋاستە قاراشلىق 12 كارخانا، كەسپىي ئورۇن بار.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 143 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە يەتتى (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىقنىڭ 93 مىليون 123 مىڭ 800 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 1 مىليون 331 مىڭ 200 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 48 مىليون 673 مىڭ 900 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 790 مىڭ 600 يۈەن. 135 مىڭ گېكتار يەرگە دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى تېرىلدى. 27 مىڭ 822 توننا ئاشلىق، 7883 توننا ياغلىق دان، 136 مىڭ 980 توننا كۆكتات، 780 توننا قىزىلچا، 1388 توننا مېۋە ئېلىندى. 73 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، پارچە - پۇرات يەرلەرگە 64 مىڭ 500 تۈپ كۆچەت تىكىلدى. يىل ئاخىرىدىكى ئەمەلىي ئورمان كۆلىمى 2290 گېكتارغا يەتتى. يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا 135 مىڭ 400 تۇياق. 4842 توننا گۆش، 10 مىڭ 983 توننا سۈت، 3376 توننا تۇخۇم، 199 توننا قوي يۇڭى ئېلىندى. بېلىق باقمىچىلىق كۆلىمى 43 گېكتارغا، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 30 مىڭ 700 كىلوۋاتقا يەتتى. 30 مىليون 530 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 4094 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت (ساپ مىقدارى)، 264 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 50.14 توننا دېھقانچىلىق دورىسى ئىشلىتىلدى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 205 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە يەتتى (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەتنىڭ 140 مىليون 130 مىڭ يۈەن، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ (يەككىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) 65 مىليون 490 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىدىن 397 مىڭ 800 توننا كۆمۈر، 2334 توننا ئۇن، 809 توننا سۇ يېغى، 8232 توننا ئارىلاشما يەم - بورداق، 5155 توننا پاختا يىپ، 504 توننا سۇلياۋ ياسالمىلىرى، 101 مىليون 20 مىڭ دانە خىش ئىشلەپچىقىرىلدى. شى بويىچە بىناكارلىق - قۇرۇلۇش مەھسۇلات قىممىتى 65 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ 44 مىليون 270 مىڭ يۈەن. بىناكارلىق كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 8 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى. قاتناش - ترانسپورت كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 20 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە، يۈك ئوبوروت مىقدارى 133 مىليون 730 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، ترانسپورت ئومۇمىي كىرىمى 88 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە، توپ - پارچە سېتىش ۋە يېمەك - ئىچمەك كەسىپلىرىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 9 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 177 مىليون يۈەنگە، ئۆي - زېمىن كەسپىنىڭ

قوشۇلما قىممىتى 4 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

تۇراقلىق مۈلۈككە 80 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئورۇنلىرى ۋە كوللېكتىپ ئورۇنلارنىڭ سالغىنى 47 مىليون 180 مىڭ يۈەن، خۇسۇسىي ۋە يەككە ئىگىلىكتىكىلەرنىڭ سالغىنى 33 مىليون 420 مىڭ يۈەن.

ئىدارە بويىچە 107 داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى بار، كارىۋات 330 بولۇپ، ھەر 10 مىڭ ئادەمگە 59 دىن توغرا كېلىدۇ. مەكتەپ 22، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭلار ئالىي مەكتىپى بىر، ئوتتۇرا مەكتەپ 9، باشلانغۇچ مەكتەپ 7، بالىلار باغچىسى 5. مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچى 10 مىڭ 800، ئىشچى - خىزمەتچى 867، ئوقۇتقۇچى 612.

1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىدارە بويىچە ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە بېرىلگەن مائاش 67 مىليون 530 مىڭ يۈەن، دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدىكى ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 5776 يۈەن، دېھقانچىلىق مەيدانى بويىچە كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىم 3096 يۈەن بولدى.

شۇ ئېر، چېڭ ۋېنجۇڭ

## قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى

پارتكومنىڭ 1 - شۇجىسى: چيەن جى (قوشۇمچە)؛ ئىدارە باشلىقى: لىن گويىڭ (مۇئاۋىن شىجاڭ دەرىجىلىك)؛ پارتكوم شۇجىسى: ليۇ جىنشياڭ (مۇئاۋىن شىجاڭ دەرىجىلىك).

1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 75 مىڭ. نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى %23.7 بولدى. ئىش ئورنىدىكى كەسپكارلار 29 مىڭ، مۇستەقىل ھېساباتلىنىدىغان زاۋۇت، كان - كارخانا 14، ئىدارىگە قاراشلىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانى 12.

1999 - يىلى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 410 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدىن 1 - كەسىپنىڭ 202 مىليون 980 مىڭ يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ 113 مىليون 890 مىڭ يۈەن، 3 - كەسىپنىڭ 93 مىليون 710 مىڭ يۈەن. تىجارەت كىرىمى 82 مىليون 670 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %1.04 ئاشتى. تاپشۇرۇلغان باج 24 مىليون 730 مىڭ يۈەن بولۇپ، %44.4 ئاشتى.

يېزا ئىگىلىكىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 202 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 20 مىڭ 300 گېكتار يەرگە دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى تېرىلدى. 33 مىڭ 900 توننا ئاشلىق، 9000 توننا پاختا، 41 مىڭ 300 توننا مېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا 317 مىڭ تۇياق. 4400 توننا گۆش ئېلىندى. 1999 - يىلى 1787 گېكتار بوزيەر ئېچىلدى، سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 75 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 100 دانە قۇدۇق قېزىلدى، 1380 گېكتار يەردە سۇنى تېجەپ سۇغىرىش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلدى. 124.7 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى، بۇنىڭ بىلەن 31 مىليون كۇب مېتىر سۇ تېجەلدى. ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 124 مىليون يۈەنگە يەتتى. (كوللېكتىپ كارخانىلارنىڭ 68 مىليون يۈەن پۇلىسۇ شۇنىڭ ئىچىدە). قاتناش - ترانسپورت كەسپىدە يۈك ئوبوروت مىقدارى 65 مىليون 320 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. بىناكارلىق كەسپىنىڭ قۇرۇلۇش مەھسۇلاتى قىممىتى 120 مىليون يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 46 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ھويلا - ئارام ئىگىلىكىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 94 مىليون 339 مىڭ 700 يۈەنگە يېتىپ، كىشى بېشىغا 889.89 يۈەندىن توغرا كەلدى.

ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 102 مىليون يۈەنگە، ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 470 مىڭ دوللارغا يەتتى.

ئىدارە بويىچە ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 13، ئوقۇغۇچىسى 4046، باشلانغۇچ مەكتەپ 20، ئوقۇغۇچىسى 10 مىڭ 650؛ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلىرى 1258. بالىلار باغچىسىغا كىرگەن بالا 2302. كەسپىي تەربىيىلەش مەركىزىدىن بىرى، يېزا ئىگىلىك رادىئو مەكتىپىدىن بىرى، پارتىيە مەكتىپىدىن بىرى بار.

ئىدارە بويىچە پەن تەتقىقات ئاپپاراتى 5 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە بىرى ئىدارىگە بىۋاسىتە قارايدۇ، پەن تەتقىقات خادىمى 39. سەھىيە ئاپپاراتىدىن 14ى، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتىدىن 8ى بار. تېببىي خادىملار 852.

1999 - يىلى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 164 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 4541 يۈەندىن، ئەمگەكچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 4887 يۈەندىن، كىشى بېشىغا 2439 يۈەندىن توغرا كەلدى.

ۋۇ چېن

## خوتەن دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى

1 - شۇجىسى: ۋاڭ جىڭچيەن (قوشۇمچە)؛ ئىدارە

باشلىقى: خې جيەنساڭ (سۇئاۋىن شىجاڭ دەرىجىلىك)؛ پارتكوم شۇجىسى: زەن شىدې (سۇئاۋىن شىجاڭ دەرىجىلىك).

1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى نوپۇسى 24 مىڭ 177، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال 11 مىڭ 967. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 13.05‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 9.71‰. جەمئىي 6 مىللەت بار. ئۇيغۇرلار 20 مىڭ 610 بولۇپ، نوپۇسنىڭ 85.25%نى ئىگىلەيدۇ. ئىدارىگە قاراشلىق دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانىدىن 3ى، مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان سانائەت، قاتناش، سودا، بىناكارلىق، مۇلازىمەت كارخانىسىدىن 10ى بار. كەسىپكار 7549.

1999 - يىلى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 79 مىليون 830 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ 33 مىليون يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ 9 مىليون 320 مىڭ يۈەن، 3 - كەسىپنىڭ 37 مىليون 510 مىڭ يۈەن، شۇ يىلى 14 مىليون 370 مىڭ يۈەن زىيان كۆرۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق كارخانىلىرىنىڭ 15 مىليون 880 مىڭ يۈەن، سانائەت كارخانىلىرىنىڭ 960 مىڭ يۈەن، قاتناش - ترانسپورت كارخانىلىرىنىڭ 130 مىڭ يۈەن، بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ 960 مىڭ يۈەن. تاۋار ئوبوروت كارخانىلىرى 3 مىليون 200 مىڭ يۈەن پايدا ئالدى.

يېزا ئىگىلىكىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 33 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىقنىڭ 22 مىليون 380 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 380 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 10 مىليون 270 مىڭ يۈەن. 4833 گېكتار يەرگە دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى تېرىلدى. 11 مىڭ 750 توننا ئاشلىق، 1430 توننا پاختا ئېلىندى. يىل ئاخىرىدىكى ئەمەلىي بەرپا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى 967 گېكتار، 1999 - يىلى 87 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. پارچە - پۇرات يەرلەرگە 45 مىڭ 400 تۈپ كۆچەت تىكىلدى. يىل ئاخىرىدىكى مېۋىلىك باغ 1273 گېكتار. 1999 - يىلى يېڭىدىن 97 گېكتار باغ كۆپەيتىلدى، 8588 توننا مېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا 100 مىڭ 100 تۇياق. 1216 توننا گۆش، 359 توننا تۇخۇم، 221 توننا قوي يۇڭى ئېلىندى.

سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىدىن 1715 توننا پاختا، 1033 توننا ئۇن، 288 توننا سۈ يېغى، 83 كىلوۋات سائەت توك، 417 توننا توڭلىتىلغان ئىچىملىك ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 7 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە يەتتى، يېڭىدىن قۇرۇلۇش 9، يېڭىدىن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 7257 كۋادرات مېتىر بولدى. ترانسپورت كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 3 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە، يۈك ئوبوروت مىقدارى 8 مىليون 837 مىڭ توننا كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 3 مىليون 909 مىڭ 100 ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى. يىللىق تىجارەت كىرىمى 12 مىليون 700 مىڭ يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە يەككە ترانسپورت كەسپىنىڭ 180 مىڭ يۈەن.

سودا كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 22 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، تاشقى سودىنىڭ 18 مىليون 770 مىڭ يۈەن، ئىچكى سودىنىڭ 2 مىليون 920 مىڭ يۈەن، يېمەك - ئىچمەك كەسپىنىڭ 590 مىڭ يۈەن. چېگرا سودا شىركىتىنىڭ ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 124 مىڭ 300 دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورتنىڭ 12 مىڭ دوللار، ئېكسپورتنىڭ 112 مىڭ 300 دوللار.

ئوراقلىق مۈلۈككە 20 مىليون 900 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 14 مىليون 750 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش - ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 5 مىليون 910 مىڭ يۈەن، پارچە - پۇرات قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 240 مىڭ يۈەن. يېڭىدىن 17 مىليون 550 مىڭ يۈەنلىك ئوراقلىق مۈلۈك كۆپەيتىلدى.

سۇغۇرتا سوممىسى 51 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە، كەسپىي كىرىم 1 مىليون 339 مىڭ 300 يۈەنگە، سۇغۇرتا كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 990 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا تۆلەم دېلوسىدىن 99ى بىر تەرەپ قىلىنىپ، 747 مىڭ 200 يۈەن تۆلەم تۆلەندى.

ئىدارە بويىچە 12 مەكتەپ بولۇپ، ئوقۇغۇچىسى 4477. بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 993؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 10، ئوقۇغۇچىسى 3484، ئىشچى - خىزمەتچىلەر دوختۇرخانىسى 3، يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى 3، كارىۋات 153، مەخسۇس تېخنىكا خادىمى 119، ئاساسىي قاتلام ليەندۈيلەردىكى ساقلىق ساقلاش ئۆيى 23.

ئىدارە بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق مائاش سوممىسى 22 مىليون 534 مىڭ يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مائاشى 2981 يۈەنگە، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىم 954 يۈەنگە يەتتى.

جاڭ لياڭخۇا

# شەخسلەر

## ئىلغار - نەمۇنىچىلەر

**1999 - يىلى «1 - ماي» ئەمگەك مېدالىغا ئېرىشكۈچىلەرنىڭ قىسقىچە ئىش - ئىزلىرى**

**ۋۇ دېڭيۇن** ئەر، خەنزۇ، كومپارتىيە ئەزاسى، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە، ئۆلۈغچات ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى. 1963 - يىلى جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ ياڭجۇ تېببىي تېخنىكومىنى



پۈتتۈرۈپ، ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئۆلۈغچات ناھىيىسىگە خىزمەتكە كەلگەن. ئۇ 30 يىلدىن بۇيان جىددىي ۋە ئېغىر كېسەللەرگە 7000 مىللىلىتىر قان تەقدىم قىلغان، ئۆز تېنىدىن چوڭ - كىچىك 13 پارچە تېرە كېسىۋېلىپ كۆيۈكتە جاراھەتلەنگەن بىمارلارغا يۆتكىگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىقىنى چېگرا رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىگە خالىس بېغىشلاپ، خەۋپ ئىچىدە قالغان نۇرغۇن بىمارنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالغان. دوختۇرخانا باشلىقى بولغاندىن بۇيان مۇھىتنى كۆكەرتىشكە، كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرگەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان 52 كىشىنى بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت تېببىي خادىمى 76%نى تەشكىل قىلىدۇ. نۇرغۇن ياش دوختۇرلارنى كەسپىي ئايانچلاردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈپ، دوختۇرخانىنىڭ داۋالاش سەۋىيىسىنى ۋە داۋالاش - كۈتۈش ساپاسىنى تېز ئۆستۈرگەن. دوختۇرخانا ئۇدا 10 يىل ناھىيە بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ، ئوبلاست بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە مەدەنىي دوختۇرخانا بولۇپ باھالانغان. ۋۇ دېڭيۇن ئۆزى كۆپ قېتىم ئاپتونوم رايون، ئوبلاست، ناھىيە دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغار شەخس، ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالانغان. 1999 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي» ئەمگەك مېدالىغا ئېرىشكەن.

**سۇڭ شۇلىڭ** ئايال، خەنزۇ، كومپارتىيە ئەزاسى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولىنى ۋاقىتلىق باشقۇ-



رۇش باشقارمىسى كورلا ئېلېكتىر ئۈچاستىكىسىنىڭ خىزمەتچىسى. ئۇ 1981 - يىلى ئۈرۈمچىدىن تەڭرىتاغ ئارىسىدىكى بېلىقلىق (يۈئېرگۇ جىلغىسى) ئېلېكتىر ئۈچاستىكىسىغا بېرىپ ئىشلەپ، تۈرلۈك كەسپىي تېخنىكىلارنى تېزدىن پىششىق ئىگىلەپ، ئاددىي ئىش ئورنىدا كەينى - كەينىدىن نەتىجە ياراتقان. 1994 - يىلى ئىدارە بويىچە بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئۈلگىسى بولۇپ باھالانغان، 1996 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى تەرىپىدىن «ئايال تۆھپىكار» ئىلغار شەخس دەپ نام بېرىلگەن، 1997 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولىنى ۋاقىتلىق باشقۇرۇش باشقارمىسى بويىچە ئىش ئورنى ئىختىساس ئىگىسى بولۇپ يېتىشىپ چىققان ئون نادىر ئايالنىڭ بىرى، ئاپتونوم رايون بويىچە تۆھپىكار ئىش ئورنى ئىختىساس ئىگىسى بولۇپ يېتىشىپ چىققان ئىلغار شەخس، مەملىكەت بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىختىساسلىق بولغان ئىلغار شەخس دېگەنناملارغا ئېرىشكەن، 1998 - يىلى شىنجاڭنى ئېچىش - گۈللەندۈرۈش مېدالىغا ئېرىشىپ، تۆمۈريول مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن ئەمگەك نەمۇنىچىسى دەپ نام بېرىلگەن.

1999 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي» ئەمگەك مېدالىغا ئېرىشكەن.

**چېن بىڭدې** ئەر، خەنزۇ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 3 - شى 45 - تۇەن - مەيدانى 7 - لىيەننىڭ دېھقانچىلىق ئىشچىسى. ئۇ



1997 ـ يىلى 2.27 گېكتار كېۋەزلىكتىن 20.338 توننا چىگىتلىك پاختا ئېلىپ، بىرلىك مەھسۇلاتنى 498.4 كىلوگرامغا يەتكۈزۈپ، بىكتۇەن بويىچە كېۋەز تېرىش ماھىرى بولۇپ قالغان. ئۇ ئادەتتە ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، باش چۆكۈرۈپ ئىشلەپ، ھەر يىلى ليەندۈي تەرىپىدىن قانۇن ـ ئىنتىزامغا رىئايە قىلغۇچى ئائىلە ۋە ئۇن يۇلتۇزلۇق مەدەنىي ئائىلە بولۇپ باھالانغان. 1999 ـ يىلى مەملىكەتلىك «1 ـ ماي» ئەمگەك مېدالىغا ئېرىشكەن.

**چېن دېجيې** ئەر، خەنزۇ، كومپارتىيە ئەزاسى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، شىنجاڭ بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ـ خىمىيە



سانائىتى باش زاۋۇتى 1 ـ سېخنىڭ ئىسمېنا باشلىقى. ئۇ 1971 ـ يىلى زاۋۇتقا كىرگەندىن بۇيان ھەر كۈنى 10 توننا ئەتراپىدا پولات ماتېرىيالنى كەپشەرلەپ پىششىقلىغان، 7 يىللىق ئىشنى 4 يىلدا تاماملىغان. 1996 ـ، 1997 ـ يىللىرى شىنجاڭ بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ئىدارىسى بويىچە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھالانغان، 1992 ~ 1997 ـ يىللىرى ئىدارە بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغار شەخس بولۇپ باھالانغان. 1998 ـ يىلى شىنجاڭنى ئېچىش ـ گۈللەندۈرۈش مېدالىغا ئېرىشكەن. 1999 ـ يىلى مەملىكەتلىك «1 ـ ماي» ئەمگەك مېدالىغا ئېرىشكەن.

**سەشان قادىقان** ئەر، قازاق، كومپارتىيە ئەزاسى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە. چارۋىچىلىق نازارىتى كۈنەس نەسىللىك



چارۋا فېرمىسى دېھقانچىلىق 5 ـ ئەترىتىنىڭ باشلىقى. ئۇ 1975 ـ يىلى 8 ئاي پادا باققاندىن كېيىن نەسىللىك چارۋا فېرمىسى ئاشلىق ـ ياغ دۇكىنىغا يۆتكىلىپ، 3000 دىن ئارتۇق ئادەمنى ئاشلىق ـ ياغ بىلەن تەمىنلەش خىزمىتىگە مەسئۇل بولغان، ئۇ خىزمەتتە ئەستايىدىل، مۇلازىمەتتە ئەتراپلىق ۋە قىزغىن بولۇپ، ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپ كەلگەن. 1984 ـ يىلى دېھقانچىلىق 5 ـ ئەترىتىگە باشلىق بولۇپ، 10 نەچچە يىل زىيان تارتىپ كەلگەن ئەترەت دېگەن قالپاقنى شۇ يىلىلا چۆرۈپ تاشلىغان. ئۇ ئىلى ۋىلايەتلىك، ئىلى ئوبلاستلىق ئىتتىپاق كومىتېتى تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر ئىتتىپاق ئەزاسى دېگەن نامغا، ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى تەرىپىدىن «ياش زەربىدار» دېگەن نامغا ئېرىشكەن. 1999 ـ يىلى مەملىكەتلىك «1 ـ ماي» ئەمگەك مېدالىغا ئېرىشكەن.

**ئەرشى شەرىپىدىن** كومپارتىيە ئەزاسى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە. ئۈرۈمچى كان ئىدارىسى ۋېيخۇلياڭ كۆمۈر كېنى باداۋان شۆبىسىنىڭ كۆمۈر قازغۇچىلار باشلىقى. ئۇ 1975 ـ يىلى خىزمەتكە قاتناشقاندىن بۇيان 1 ـ سەپتە باش چۆكۈرۈپ ئىجادىيلىق بىلەن ئىشلەپ، «كاندىكى ئىشچان كالا» دەپ نام ئالغان. ئۇنىڭ باشچىلىقىدىكى ئىسمېنا كۆمۈر قېزىش ۋەزىپىسىنى يىلمۇ يىل ئاشۇرۇپ ئورۇندىغان. ئۇ 1985 —



1998 ـ يىللىرى ئىدارە، كان تەرىپىدىن نەچچە قېتىم مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى ۋە ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالانغان. 1992 ـ يىلى شىنجاڭنى ئېچىش ـ گۈللەندۈرۈش مېدالىغا ئېرىشكەن. 1999 ـ يىلى مەملىكەتلىك «1 ـ ماي» ئەمگەك مېدالىغا ئېرىشكەن.

**بەي شاۋيىڭ** ئايال، موڭغۇل، ئىتتىپاق ئەزاسى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، ئارى-



شالىڭ ناھىيىلىك دورىگەرلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئىنچىكە ئىشلەش سېخىنىڭ ئىشچىسى. ئۇ 1990 - يىلدىن باشلاپ بۇ سېختا ئىشلىگەندىن بۇيان يىلمۇ يىل ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالىنىپ كەلگەن. 1996 - يىلى شىنجاڭنى ئىچىش - گۈللەندۈرۈش مېدالىغا ئېرىشكەن. 1999 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي» ئەمگەك مېدالىغا ئېرىشكەن.

**ۋاڭ شيۇيۈن** ئايال، خەنزۇ، كومپارتىيە ئەزاسى، تولۇقسىز



ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، شىنجاڭ بىناكارلىق ماشىنىلىرى زاۋۇتى ئالتۇنچىلىق سېخىنىڭ ئىشچىسى. ئۇ 1970 - يىلى خىزمەتكە قاتناشقاندىن بۇيان كۆپ قېتىم زاۋۇت دەرىجىلىك ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچى، سۇپەت ئىلغارى دېگەن ناملارغا ئېرىشكەن، كۆپ قېتىم 1، 2، 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسىتىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار ئايال خىزمەتچى، ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى، مەملىكەت بويىچە ئىلغار ئايال خىزمەتچى دېگەن ناملارغا ئېرىشكەن. 1999 - يىلى مەملىكەتلىك «1- ماي» ئەمگەك مېدالىغا ئېرىشكەن.

**گو جىسەن** ئەر، خەنزۇ، كومپارتىيە ئەزاسى، ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق پەن - تېخنىكا تەرەققىيات مەركىزىنىڭ ئىنژېنېرى. ئۇ، دېھقانچىلىق



ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش ۋە دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان 30 نەچچە يىل داۋامىدا ھەممىشە ئاساسىي قاتلاملارغا بېرىپ، ئېتىز - ئېرىقلارنى ئارىلاپ يۈرۈپ، تېخنىكا تەكشۈرۈشى ۋە تېخنىكا مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، تېخنىكىنى قوللىنىش جەھەتتە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن. 1982 - يىلى ۋىلايەت تەرىپىدىن 2 - دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن، كۆپ قېتىم يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى، دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ «مول ھوسۇل پىلانى» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. 1999 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي» ئەمگەك مېدالىغا ئېرىشكەن.

**ۋاڭ يەنخۇڭ** ئايال، خەنزۇ، كومپارتىيە ئەزاسى، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە، ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى «غەربىي چوققا» پاراۋانلىق شىركىتىنىڭ بوغالتىرى، ئۇ 15 يېشىدا سول لېپىكىدە ئۆسمە ئۆسۈپ قېلىپ، سول پۇتىنى ئىشلىمەيدىغان بولۇپ قالغان. 1996 - يىلى شىنجاڭ مېيىپلار ئۇزۇن سەپەر ئەترىتىگە قاتنىشىپ، 60 يىل ئىلگىرى قىزىل ئارمىيە بېسىپ ئۆتكەن ئۇزۇن سەپەر يولىدا جياڭشى، گۇيجۇ، شەنشى قاتارلىق 11 ئۆلكىنى بېسىپ، 120 كۈندە 19 مىڭ كىلومېتىر يول ماڭغان، شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن 41 قېتىم دوكلات بەرگەن. 1997 - يىلى نېفىت

خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى تەرىپىدىن 10 نادىر ئىتتىپاق كادىرىنىڭ بىرى بولۇپ باھالانغان، 1999 - يىلى 1 - ئاينىڭ 14 - كۈنى 7 - نۆۋەتلىك يىراق شەرق - جەنۇبىي تىنىچ ئوكيان رايونى مېيىپلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە ئاياللارنىڭ ئوقيا ئېتىشتا ئالتۇن مېدال ئېلىپ، ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى تەرىپىدىن بىر قېتىم پەۋقۇلئاددە دەرىجىلىك تۆھپە يېزىلغان. 1999 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي»



ئەمگەك مېدالىغا ئېرىشكەن.

**جاڭ كەيىڭ** ئەر، خەنزۇ، كومپارتىيە ئەزاسى، ئالىي تېخنىكوم



مەلۇماتىغا ئىگە، جىمسار ناھىيىلىك سەنئەتي ھاراقچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى قوشۇمچە باش دىرېكتورى. ئۇ 1998 - يىلى سەنئەتي ھاراق زاۋۇتىنىڭ تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتكەندىن كېيىن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى باشلاپ بىر يىل كۆرەش قىلىپ، 10 مىليون 350 مىڭ يۈەن

باج يىغىپ، %28.48 ئاشۇرغان، 6 مىليون 550 مىڭ يۈەن پايدا يارىتىپ، %6.16 ئاشۇرغان. ۋەزىپە ئۆتىگەن 10 يىل ئىچىدە تۇراقلىق مۈلۈكنى 4 مىليون يۈەندىن 44 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە، تۇراقسىز مۈلۈكنى 28 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزگەن، زاۋۇتنىڭ مەھسۇلاتى ھەر يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ئوخشاش ساھە بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن، 15 يىلدا جەمئىي 69 مىليون 310 مىڭ يۈەن يەرلىك باج تاپشۇرغان. ئۇ ئاپتونوم رايون، سانجى ئوبلاستى تەرىپىدىن شىنجاڭنى ئېچىش - گۈللەندۈرۈش مېدالىغا، مۇنەۋۋەر زاۋۇت باشلىقى، مۇنەۋۋەر كارخانىچى، مۇنەۋۋەر كەسپىي تېخنىكا خادىمى، ئوبلاست دەرىجىلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى دېگەن ناملارغا ئېرىشكەن. 1999 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي» ئەمگەك مېدالىغا ئېرىشكەن.

**خەمىت هاكىموف** تاتار، ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، شىنجاڭ



يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى چارۋىچىلىق ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى، ئۇ ئوقۇتۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، پەن تەتقىقاتى خىزمىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، پەن تەتقىقاتى ساھەسىدە كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن. ئۇ ئىلى ئېتى، ئىلى كالىسىنىڭ نەسلىنى يېتىشتۈرۈش پىلانىغا قاتناشقان ۋە يېتەكچىلىك قىلغان، دولان قويى ئارقىلىق ئالتاي قويىنىڭ يۇڭ سۈپىتىنى ياخشىلاش تەتقىقاتىدا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. شىنجاڭ قويى نەسىللىرىنىڭ خروموسومىسى ئۈستىدىكى تەتقىقاتقا رىياسەتچىلىك قىلىپ، شىنجاڭ قويىنىڭ خروموسومىسى تەتقىقاتى جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇرغان. پاقلان گۆشى تېپىلىق باشباي قويى يېڭى نەسلىنى يېتىشتۈرۈش تەتقىقاتىغا رىياسەتچىلىك قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ تۇنجى پاقلان گۆشى تېپىلىق باشباي قويى يېڭى نەسلىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىپ، دۆلىتىمىزدە پاقلان گۆشى تېپىلىق قوي نەسلى بولماسلىقتەك بوشلۇقنى تولدۇرغان. بۇ تۈر ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئۇ 1993 - يىلى گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن بېرىلىدىغان ھۆكۈمەتنىڭ ئالاھىدە ياردەم پۇلىدىن بەھرىمەن بولغان. 1999 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي» ئەمگەك مېدالىغا ئېرىشكەن.

**دۇڭ گاڭ** ئەر، خەنزۇ، كومپارتىيە ئەزاسى، ئالىي تېخنىكوم



مەلۇماتىغا ئىگە، ئىلى شېكەر زاۋۇتىنىڭ باشلىقى. ئۇ زاۋۇت باشلىقى بولغاندا، زاۋۇتنىڭ قەرزى 160 مىليون يۈەنگە يەتكەن، زاۋۇت نورمال ئىشلىيەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇ زاۋۇتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە مەھكەم تايىنىپ، ئۆزىدىكى پەۋقۇلئاددە جاسارەت ۋە ئالاھىدە ئەقىل - پاراسەتنى ئىشقا سېلىپ، بازاردا شېكەر باھاسى ئۈستى - ئۈستىلەپ چۈشۈپ كېتىۋاتقان ئېغىر بېسىمغا تاقابىل تۇرۇپ، قىسقىغىنا 3 يىل ئىچىدە زاۋۇتنى پايدا ئالىدىغان ھالغا يەتكۈزۈپ، قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرغان. ئۇ 1999 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي» ئەمگەك مېدالىغا ئېرىشكەن.

**شۇ جيې** ئەر، خەنزۇ، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە، شىنجاڭ



«خۇاكجاۋ» كارخانا گۇرۇھىنىڭ باش مۇدىرى. ئۇ 1984 - يىلى قۇرۇق قول بىلەن ئىگىلىك تىكلەشكە كىرىشىپ، 15 يىل جاپالىق كۈرەش قىلىش ئارقىلىق مۈلكىنىڭ ساپ قىممىتى 100 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان خەلق باشقۇرۇشىدىكى چوڭ كارخانا گۇرۇھىنى قۇرۇپ، 15 يىلدا دۆلەتكە 50 مىليون يۈەن پايدا ۋە باج تاپشۇرغان. ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلار، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچىلار، يېزا ياشلىرىدىن بولۇپ 1200 نەچچە ئادەمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغان. مائارىپقا، مېيىپلارغا، يېتىم - يېسىرلارغا، دەم ئېلىشقا - پېنسىيىگە چىققان كادىرلارغا 6 مىليون يۈەندىن ئارتۇق پۇل ئىئانە قىلغان. ئۇ شىنجاڭ بويىچە مۇنەۋۋەر كارخانىچى، ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالانغان، ئۈرۈمچى ناھىيىلىك، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىلى، دائىمىي كومىتېت ئەزاسى، شىنجاڭ سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا - سانائەتچىلەر

بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئۈرۈمچى ناھىيىلىك خوسۇسىي كارخانىچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ سايلانغان. 1999 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي» ئەمگەك مېدالىغا ئېرىشكەن.

## تۇرغۇن ئابدۇكېرىم

كومپارتىيە ئەزاسى، ئالىي تېخنىكوم



مەلۇماتىغا ئىگە. قەشقەر ۋىلايەتلىك بولۇچى توشۇش باش بېكىتى پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن بېكەت باشلىقى. ئۇ بېكەتتىكى 700 دىن ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچىگە باشلامچىلىق قىلىپ، باتۇرلۇق بىلەن يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، ئىچكى باشقۇرۇشنى راسا چىڭ تۇتۇپ، كارخانىنىڭ تۇراقلىق مۈلكىنى 1993 - يىلدىكى 11 مىليون يۈەندىن 1999 - يىلى 93 مىليون يۈەنگە يەتكۈزگەن. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمىنى ئەسلىدىكى 3000 يۈەندىن 7800 يۈەنگە يەتكۈزگەن، كارخانا ۋىلايەت بويىچە ئىلغار كارخانا بولۇپ، قاتناش مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن بېرىلگەن مەدەنىي بېكەت دېگەن نامغا ئېرىشكەن. ئۇ 1994 - يىلى قاتناش مىنىستىرلىكى، كادىرلار مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن بېرىلگەن مەملىكەت بويىچە قاتناش سىستېمىسىدىكى ئەمگەك نەمۇنىچىسى دېگەن نامغا ئېرىشكەن، 1995 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك نەمۇنىچىسى، ئاپتونوم رايون بويىچە قاتناش سىستېمىسىدىكى ئەمگەك نەمۇنىچىسى دېگەن ناملارغا ئېرىشكەن. 1996 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر ياش كارخانىچى، قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك ئون نادىر ياشنىڭ بىرى بولۇپ باھالانغان. 1999 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي» ئەمگەك مېدالىغا ئېرىشكەن.

## ۋاڭ يوڭچى

ئەر، خەنزۇ، كومپارتىيە ئەزاسى، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە. كورلا پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ باشلىقى. ئۇ 1992 - يىلى فابرىكا باشلىقى بولغاندىن بۇيان، ناھايىتى كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە كەسىپچانلىق بىلەن ئىشلەپ، كارخانىنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىپ، كارخانىنى تۈجۈپىلەپ باشقۇرۇشقا قاراپ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تېخنىكا يېڭىلاپ ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىپ، يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئۈزلۈكسىز كەشىپ



قىلىپ، ئادەتتىكى رەسىم - قائىدىلەردىن ھالقىغان سەكرەش تىپىدىكى تەرەققىيات يولىنى تېپىپ چىقىپ، كارخانىنى 5 يىل ئۇدا پايدا ئېلىش ئىمكانىيىگە ئىگە قىلغان، بۇ كارخانا توقۇمىچىلىق نازارىتى تەرىپىدىن ئىگىلىك باشقۇرۇشتا ئىلغار كارخانا بولۇپ باھالانغان. 1996 - يىلى دۆلەت توقۇمىچىلىق باش ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن قوش مەدەنىي كارخانا بولۇپ باھالانغان. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك نەمۇنىچىسى، مەملىكەت بويىچە توقۇمىچىلىق ساھەسىدىكى مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىپ كارخانىنى گۈللەندۈرگەن مۇنەۋۋەر فابرىكا باشلىقى دېگەندەك ناملارغا ئېرىشكەن. 1999 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي» ئەمگەك مېدالىغا ئېرىشكەن.

## ئەركىن يۇنۇس

كومپارتىيە ئەزاسى، ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، قۇمۇل ۋىلايەتلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ مەمۇرىيەت باشقارمىسى



نىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى. ئۇ ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللانغان 10 نەچچە يىلدىن بۇيان، ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، «مېخانىكىدىن تەكرار»، «ئوتتۇرا مەكتەپ فىزىكا ئاساسىي بىلىملىرى»، «فىزىكا ئاتالغۇلىرى» قاتارلىق دەرسلىكلەرنى تۈزۈپ، ئوقۇغۇچىلارنى ياخشى ئۆگىنىش ماتېرىيالى بىلەن تەمىنلىگەن. ئۇ كۆپ قېتىم مەكتەپ بويىچە ئىلغار ئوقۇتقۇچى، دەرس ئۆتۈپ ئادەم تەربىيىلەش نەمۇنىچىسى، ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالانغان، 1995 - يىلى ۋىلايەت بويىچە ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالانغان، 1998 - يىلى مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى بولۇپ باھالانغان. 1999 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي» ئەمگەك مېدالىغا ئېرىشكەن.

## چېن شىنشېن

ئەر، خەنزۇ، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە، شىنجاڭ ئېلېكتر شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش ئىنژېنېرى. ئۇ توكسىز ناھىيىلەرنىڭ توكىنى ھەل قىلىش، يېزا ئېلېكتر



تورى قۇرۇلۇشىنى ئۆزگەرتىش، يېزا ئىلىبكتىر باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە شەھەر، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوخشاش تۈردىكى ئوخشاش توك باھاسىدىن بەھرىمەن بولۇش ئىشىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە ۋە يېزا - قىشلاقلارغا تالاي قېتىم بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، «شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى ئىلىبكتىر تورى قۇرۇلۇشىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ ئومۇمىي لايىھىسى توغرىسىدا دوكلات» ۋە «يولغا قويۇش پىلانى»نى تۈزۈپ چىقىپ، دۆلەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىغا يوللىغان. ئۇنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرى توغرا، خۇلاسە يەكۈنى ئەمەلىي بولغان بۇ دوكلاتى تېزلا دۆلەتنىڭ تەستىقىغا ئېرىشكەن. دۆلەت ئىلىبكتىر شىركىتى ۋە ئالاقىدار تارماقلار ئۇيۇشتۇرغان تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى شىنجاڭنىڭ يېزا ئىلىبكتىر تورىنى ئۆزگەرتىشتە تەشكىلاتچىلىقى كۈچلۈك، ئورۇنلاشتۇرۇشى تەرتىپلىك بولغان، ۋەزىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە مەملىكەت بويىچە ئالدىدا ماڭغان، دەپ ھېسابلىغان.

ئۇ 1999 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي» ئەمگەك مېدالىغا ئېرىشكەن.

## ئابلىمىت ھېمىت

كومپارتىيە ئەزاسى. ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە. خوتەن ۋىلايەتلىك ج خ باشقارمىسى 7 - بۆلۈمىنىڭ ساقچىسى. ئۇ 1991 - يىلى ئىمتىھان ئارقىلىق خوتەن ۋىلايەتلىك ج خ باشقارمىسىنىڭ زوراۋانلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش چوڭ ئەترىتىگە قوبۇل قىلىنغان، خىزمەت نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغاچقا، 1993 - يىلى 7 - بۆلۈمدە ئىشلەشكە ئاللانغان. 1998 - يىلى زوراۋان تېررورچى، جىنايەتچىلەرنىڭ تاپانچىلىرىنى تۇتۇش ۋاقتىدا، بەدىنىگە 3 پاي ئوق تەگكەن ئەھۋالدىمۇ، قوراللىق زوراۋانلار بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىپ، سەپداشلىرى



بىلەن بىللە 3 جىنايەتچىنى تۇتۇپ، بىر تاپانچىنى قولغا چۈشۈرگەن. 1992 - يىلى ۋە 1997 - يىلى خوتەن ۋىلايىتى ۋە ج خ باشقارمىسى تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر مەمۇر ۋە ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالانغان. 1999 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي» ئەمگەك مېدالىغا ئېرىشكەن.

# ئىنقىلابىي قۇربانلار

## جاڭ لىبي

ئەر، خەنزۇ، جېجياڭنىڭ چاڭشىن ناھىيىسىدىن،



1977 - يىل 1 - ئايدا تۇغۇلغان، 1995 - يىل 8 - ئايدا ئىشتىراكچى بولۇپ كىرگەن، 1997 - يىل 10 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، ھايات ۋاقتىدا قەشقەر شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ چارلاش ساقچىسى بولغان. جاڭ لىبي 1998 - يىل 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، قەشقەر شەھىرى جەنۇبىي «ئازادلىق» يولىدىكى سەي بازىرىدا بىر زوراۋان ئۇرغۇن بىگۇناھ ئاممىغا پىچاق سالغان پەۋقۇلئاددە ئېغىر قاتىللىق دېلوسىنى توسقاندا، قاتىل ئۇنىڭ كۆكرىكىگە پىچاق سالغان، ئۇ قاتىل بىلەن ئېلىشىش داۋامىدا باتۇرلارچە قۇربان بولغان. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 1999 - يىل 2 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلىدى.

## ئابدۇرېھىمجان مەمەت

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىن،



1979 - يىل 2 - ئايدا تۇغۇلغان. ئۇ 1999 - يىل 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن يېڭىسار ئىلىبكتىر ئىستانسىسىنىڭ سۇ باشلاش ئۆستىڭىگە چۈشۈپ كەتكەن بىر ئەمانى قۇتقۇزۇش يولىدا باتۇرلارچە قۇربان بولغان.

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 1999 - يىل 2 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ ئەستىقلىدى.

**توختىربىھىم توختى**

گۇما ناھىيىسىدىن. 1953 - يىل 4 - ئايدا تۇغۇلغان. 1971 - يىلى خىزمەتكە قاتناشقان. 1998 - يىل 11 - ئايدا رەسمىي كومپارتىيە ئەزاسى دەپ ئېتىراپ قىلىنغان. ھايات ۋاقتىدا گۇما ناھىيىسى قاقشال يېزا، قاقشال كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئىدى. ئۇ پارتىيىنىڭ قائىدىسى، سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە قارشى تۇرغانلىقى ئۈچۈن مىللىي بۆلگۈنچى ۋە جىبكەدىن ئاشقان دىنىي ئۇنسۇرلارنىڭ ئۆچ ئېلىپ زىيانكەشلىك قىلىشىغا ئۇچراپ، باتۇرلارچە قۇربان بولغان. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 1999 - يىل 3 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ ئەستىقلىدى.

**جى فېڭلەن** ئەر، خەنزۇ، خېبېينىڭ ۋۇچياۋ ناھىيىسىدىن. 1951 - يىل 5 - ئايدا تۇغۇلغان، ھايات ۋاقتىدا غۇلجا شەھىرى خەنبىڭ يېزا، چىڭپەنزى كەنتىنىڭ پۇقراسى ئىدى. ئۇ 1997 - يىل 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى 4 چاقلىق تراكتوردا 9 ئۇيغۇرنى تاغقا ئېشقا ئېلىپ كېتىۋاتقاندا، تراكتوردىن چاتاق چىققان، ئۇ تراكتوردى...



يەكلەرنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش يولىدا باتۇرلارچە قۇربان بولغان. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 1999 - يىل 3 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ ئەستىقلىدى.

**مۇرات رۇستەم** ئاقتۇ ناھىيىسىدىن، 1971 - يىل 9 - ئاينىڭ




8 - كۈنى تۇغۇلغان، 1991 - يىل 7 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان. 1998 - يىل 6 - ئايدا كومپارتىيىگە كىرگەن (كاندىدات پارتىيە ئەزاسى) ، ھايات ۋاقتىدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى جىنايى ئىشلار رازۋېدكا تارماق ئەترىتى 2 - چوڭ ئەترىتى 4 - ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ باشلىقى، 2 - دەرىجىلىك مەسئۇل ساقچى ئىدى. ئۇ 1999 - يىل 2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، پەۋقۇلئاددە چوڭ قوراللىق بۇلاڭچىلىق - قاتىللىق دېلوسىنى پاش قىلىش داۋامىدا، زوراۋانلار تەرىپىدىن ئېتىپ تاشلانغان. بەك ئېغىر زەخىملەنگەنلىكتىن قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي بەختكە قارشى قۇربان بولغان. 1999 - يىل 3 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ ئەستىقلىغان. ج خ مىنىستىرلىكى ئۇنىڭغا «2 - دەرىجىلىك قەھرىمان» دەپ نام بەرگەن.

**چېڭ جيەنخۇا** ئەر، خەنزۇ، خېنەننىڭ چاڭگې ناھىيىسىدىن، 1958 - يىل 8 - ئايدا تۇغۇلغان، 1976 -



يىل 8 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1978 - يىلى كومپارتىيىگە كىرگەن. ھايات ۋاقتىدا بىكتۇەن يېزا ئىگىلىك 2 - شى خامخوت تۈرمىسىنىڭ باشلىقى، پارتكوم شۇجىسى ئىدى. تەشكىلنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ئۇ 1998 - يىل 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى تۈرمىنىڭ ئاشلىقى ئۈزۈلۈپ قالغىلى بىر ھەپتە بولغان چارۋىچىلىق نۇقتىسىغا قۇتقۇزۇش ماددىي ئەشيالىرى ئېلىپ كېتىۋاتقاندا، تۇساتتىن دەھشەتلىك شىۋىرغاننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان، شىۋىرغان ۋە ئاچلىققا قارشى 18 سائەت قاتتىق ئېلىشقاندىن كېيىن، ئاخىرى جىسمانىي جەھەتتە ھالسىراپ باتۇرلارچە قۇربان بولغان. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 1999 - يىل 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ ئەستىقلىدى.

**لى ۋېيدۇڭ** ئەر، خەنزۇ، چۆچەكنىڭ شەھىرىنىڭ تۆڭلىيالىڭ ناھىيىسىدىن، 1967 - يىلى تۇغۇلغان، 1985 - يىلى خىزمەتكە قاتناشقان، ھايات



ۋاقتىدا بىكىتىلگەن يېزا ئىگىلىك 2 ـ شى
خامخوت تۈرمىسىنىڭ مەخسۇس شوپۇرى،
2 ـ دەرىجىلىك مەسئۇل ساقچىسى ئىدى.
ئەشكىلىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ئۇ 1998 ـ يىل
5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى تۈرمىنىڭ
ئاشلىقى ئوغرىلىق قالغىلى بىر ھەپتە
بولغان چارۋىچىلىق ئوقتىسىغا قوغدىغۇچى
ماددىي ئەشيالىرى ئېلىپ كېتىۋاتقاندا،
توساتتىن دەھشەتلىك شىۋىرغانىنىڭ
ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان، شىۋىرغان ۋە
ئاچلىققا قارشى 18 سائەت قاتتىق
ئېلىشقاندىن كېيىن، ئاخىرى جىسمانىي
جەھەتتە ھالسىراپ باتۇرلارچە قۇربان
بولغان. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى
1999 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئۇنى
ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلىدى.

ما يىڭتىن

# ۋاپات بولغانلار

## خۇاڭ كاڭ (1927 — 1999)

ئەر، خەنزۇ، گۇاڭشىنىڭ گۇڭچېڭ ناھىيىسىدىن. 1948 ـ يىل



11 ـ ئايدا ئىنقىلابقا قاتناشقان، 1978 ـ يىلى كومپارتىيىگە كىرگەن. شەرقىي شىمال تۆمۈريول باش ئىدارىسى پاراۋوز ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ ئىنژېنېرى، شەرقىي شىمال تۆمۈريول باشقارمىسى ترانسپورت باشقارمىسىدا مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، تۆمۈريول مىنىستىرلىكى ترانسپورت باش ئىدارىسىدە مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، 1 ـ تۆمۈريول قۇرۇلۇش ئىدارىسى ۋاقىتلىق باشقۇرۇش باشقارمىسى يۆتكەش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى قۇمۇل باشقارمىسى ترانسپورت بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ئۈرۈمچى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، قۇمۇل باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى ترانسپورت باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، بىخەتەرلىكنى تەكشۈرۈش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باش ئىنژېنېرى، باش ئىنژېنېرى، شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريول شىركىتىنىڭ باش ئىنژېنېرى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1991 ـ يىل 9 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 1999 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

## خۇاڭ جيۈلى (1931 — 1999)

ئەر، خەنزۇ، خۇنەننىڭ شياكېس



ناھىيىسىدىن، 1945 ـ يىل 7 ـ ئايدا 8 ـ ئارمىيىگە قاتناشقان، 1948 ـ يىلى كومپارتىيىگە كىرگەن. لاۋازىم، خەت ـ چەك تارقاتقۇچى، تەشۋىقاتچى، كۆرسانت، تېلېگرامما تەرجىمانى، مەخپىي ھۆججەت كاتىپى، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، تەپتىش، بۆلۈم باشلىقى، توپچى قىسىم 54 ـ تۈەننىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى، توپچى قىسىم 38 ـ تۈەننىڭ سىياسىي كومىسسارى، توپچى قىسىم 13 ـ شى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى، سىياسىي كومىسسارى ۋە نىڭشيا ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. يوشەن، ۋا زىجيې، شىفو، يۈگېياڭ ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. ئازادلىق ئوردېنى، مۇستەقىللىق پەخرىي ئوردېنى، غالىبىيەت پەخرىي ئوردېنىغا ئېرىشكەن، 1988 ـ يىل 9 ـ ئايدا شاۋجياڭ ئۇنۋانى ئالغان. 1992 ـ يىلى دەم ئېلىشقا چىققان. 1999 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

## فەن جۇندې (1928 — 1999)

ئەر، خەنزۇ، شەنشىنىڭ فۇچېڭ ناھىيىسىدىن. 1949 ـ يىل 3 ـ ئايدا



ئىنقىلابقا قاتناشقان، 1950 ـ يىل 4 ـ ئايدا كومپارتىيىگە كىرگەن. كۆرسانت، رايونلۇق ئەترەت باشلىقى، پراكتىكانت ياردەمچى، ياردەمچى، سىياسىي يېتەكچى، خادىم، مۇئاۋىن بۆلۈم

باشلىقى، بۆلۈم باشلىقى، ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمىگە قاراشلىق كادىرلار بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى دەم ئېلىشقا - پېنسىيىگە چىققان كادىرلار ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى (مۇئاۋىن شىجاڭلىق ۋەزىپىسىگە تەڭ) بولغان. 5 قېتىم 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن. 1963 - يىلى داۋبېي ئوردېنى ئالغان. ئازادلىق ئوردېنى ۋە مۇستەقىللىق ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1984 - يىل 12. ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 1999 - يىل 1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

جاڭ يىشيەن (1927 — 1999) ئەر، خەنزۇ، خېبېينىڭ خۇەيئەن



ناھىيىسىدىن. 1945 - يىل 8 - ئايدا ئىنقىلابقا قاتناشقان، 1950 - يىل 5 - ئايدا كومپارتىيىگە كىرگەن. جەڭچى، كۆرسانت، بوغالتىر، بۆلۈم ئەزاسى، بۆلۈم باشلىقى، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، قۇرۇقلۇق ئارمىيە 8 - شىسى ئارقا سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى ئاساسىي قۇرۇلۇش - گازارما بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى (مۇئاۋىن شىجاڭلىق ۋەزىپىسىگە تەڭ) بولغان. دولۇن، پىڭدىڭباۋ، كاڭخۇەي، ۋۇچۇەنلەرنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشلىرىغا ۋە دۆلەت قوغداش مۇراسىمى پارات قىسمىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر تارماق سېپىگە قاتناشقان. 1955 - يىل 10 - ئايدا شاۋشياۋلىققا ئۆستۈرۈلگەن. 1963 - يىل 10 - ئايدا شاۋشياۋلىققا ئۆستۈرۈلگەن. ئازادلىق ئوردېنى ۋە مۇستەقىللىق پەخرىي ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1984 - يىل 12 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 1999 - يىل 1 - ئاينىڭ 26 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

گو بىن (1926 — 1999) ئەر، خەنزۇ، جياڭسۇنىڭ ياڭجۇڭ



ناھىيىسىدىن. 1945 - يىل 7 - ئايدا ئىنقىلابقا قاتناشقان. 1947 - يىل 3 - ئايدا كومپارتىيىگە كىرگەن. جەڭچى، بەنجاڭ، كۆرسانت، مۇئاۋىن لىيەنجاڭ، لىيەنجاڭ، يىڭجاڭ، مۇئاۋىن تۇەنجاڭ، تۇەنجاڭ، توپچى قىسىم 13 - شىسىنىڭ مۇئاۋىن شتاب باشلىقى، مۇئاۋىن شىجاڭى، شىجاڭى، شەرقىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى بولغان. ياپونغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە شىنگاڭ ۋە شەندۇڭدىكى لۇنەن ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان، ئازادلىق ئۇرۇش دەۋرىدە، يۇنچېڭ ئۇرۇشى، خۇاڭخېدىن ئۆتۈش ئۇرۇشى، ۋازىجيې، شىفۇ، چىڭچىڭ، خېياڭ، لىبېي، فۇمېي، كۆيجياپۇ، جىڭياڭ ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. بىر قېتىم A دەرىجىلىك، بىر قېتىم B دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن ھەم A دەرىجىلىك كۆرەش قەھرىمانى دېگەن نامغا ئېرىشكەن. ئازادلىق ئوردېنى ۋە مۇستەقىللىق پەخرىي ئوردېنىغا ئېرىشكەن، 1955 - يىل 10 - ئايدا داۋبېي ئۇنۋانى ئالغان. 1962 - يىل 7 - ئايدا شاۋشياۋلىققا ئۆستۈرۈلگەن. 1986 - يىل 12 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 1999 - يىل 2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

جېڭ جىۋېن (1921 — 1999) ئەر، خەنزۇ، شەنشىنىڭ چاڭئەن



ناھىيىسىدىن. 1936 - يىل 11 - ئايدا قىزىل ئارمىيىگە قاتناشقان، 1937 - يىل 4 - ئايدا كومپارتىيىگە كىرگەن. ئىنقىلابىي ئۇرۇش يىللىرىدا قىزىل ئارمىيە 2 - يۆنىلىش ئارمىيىسىدە تەشۋىقاتچى، تەلىم - تەربىيە تۇەنىدە كۆرسانت، ئالدىن يۈرەر ئەترىتىنىڭ ئەزاسى، قوغدىنىش ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، مۇئاۋىن يېتەكچىسى، يېتەكچىسى، مۇئاۋىن جياۋداۋيۈەن، جياۋداۋيۈەن، تەلىم - تەربىيە ئەترىتىنىڭ سىياسىي كومىسسارى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، تۇەنجاڭ، مۇستەقىل تۇەننىڭ تۇەنجاڭى بولغان. 1944 — 1946 - يىللاردا 359 - لۈي بىلەن يۈرۈپ، خۇبېيدىكى دابەنتيەن، چۇڭياڭ، خۇنەندىكى چاڭشۇجيې، شەنشىدىكى جېنئەن ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. يەنئەننى قوغداش ئۇرۇشىدا مەشھۇر چىڭخۇافېن، ياڭماخې ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. يەنە ۋېيجۇاڭ، يۈڭفېڭ، شاجيادىيەن، يۈنچېڭ قاتارلىق ئۇرۇشلارغا قاتناشقان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، تۇەنجاڭ، سىياسىي كومىسسار، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ شتاب باشلىقى، جۇڭگو - ھىندىستان

چېگرىسىدىكى ئۆزىمىزنى قوغداپ قايتۇرما زەربە بېرىش ئۇرۇشىدا شىنجاڭ ھەربىي رايونى كەڭشۈەر قوماندانلىق شتابىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى قوشۇمچە شتاب باشلىقى، شىجاڭ، شىنجاڭ ھەربىي رايونى قوماندانلىق شتابى ھەربىي تەلىم - تەربىيە بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى، ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، جۇن دەرىجىلىك مەسلىھەتچىسى بولغان. 1955 - يىلى شاۋشياۋ ئۇنۋانى ئالغان ھەم «1 - ئاۋغۇست» ئوردېنى، 3 - دەرىجىلىك ئازادلىق ئوردېنى، 3 - دەرىجىلىك مۇستەقىللىق - ئەركىنلىك ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1962 - يىلى داشياۋلىققا ئۆستۈرۈلگەن. 2 - دەرىجىلىك قىزىل يۇلتۇز ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1985 - يىل 5 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 1999 - يىل 2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**ساۋ رۇڭجيۇ** (1928 — 1999) ئەر، خەنزۇ، خېبېينىڭ لىشيەن ناھىيىسىدىن. 1946 - يىل 10 - ئايدا ئىنقىلابقا قاتناشقان، 1947 - يىل 2 - ئايدا كومپارتىيىگە كىرگەن. جەڭچى، پەيجاڭ، مۇئاۋىن لىيەنجاڭ، كورسانت، لىيەنجاڭ، مۇئاۋىن يىڭجاڭ، يىڭجاڭ، تۇەن شتاب باشلىقى، مۇئاۋىن تۇەنجاڭ، تۇەنجاڭ، شىنىڭ مۇئاۋىن شتاب باشلىقى، مۇئاۋىن شىجاڭ بولغان. كۆپ قېتىم خىزمەت كۆرسىتىپ مۇكاپاتلانغان. 1988 - يىل 7 - ئايدا غالىبىيەت



پەخرىي ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1983 - يىل 6 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 1999 - يىل 3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى كېسەل بىلەن شىجياجۇاڭ شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

**قۇربانئالى** (1924 — 1999) قازاق، غۇلجا ناھىيىسىدىن،



1946 - يىل 4 - ئايدا ئىنقىلابقا قاتناشقان، 1950 - يىلى كومپارتىيىگە كىرگەن. «ئىلى گېزىتى»نىڭ مۇھەررىرى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى، ئىلى ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ئىلى ئوبلاستىنىڭ باشلىقى، ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ش ئۇ ئا ر 7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، پارتگورۇپپا ئەزاسى بولغان. 1993 - يىل 1 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 1999 - يىل 3 - ئاينىڭ 11 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**لى جاۋ** (1925 — 1999) ئەر، خەنزۇ، خېنەننىڭ پۇياڭ ناھىيىسىدىن. 1938 - يىل 1 - ئايدا ئىنقىلابقا قاتناشقان، 1942 - يىل 8 - ئايدا كومپارتىيىگە كىرگەن. جەڭچى، مۇھاپىزەتچى، بەنجاڭ، شتاب ئوفىتسېرى، لىيەنجاڭ، شتاب ئوفىتسېرلار



ئەترىتىنىڭ باشلىقى، شى شتاب باشلىقى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى قوماندانلىق شتابى ھەربىي ئىشلار - سەپەرۋەرلىك بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ھەربىي ئىشلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى (شىجاڭلىق ۋەزىپىسىگە تەڭ) بولغان. شاۋداڭ ئورۇشى، خۇەيخەي ئۇرۇشى، چاڭجياڭدىن ئۆتۈش ئۇرۇشىغا قاتناشقان. 1964 - يىلى جۇڭشياۋ ئۇنۋانى ئالغان. مۇستەقىللىق - ئەركىنلىك مېدالى، ئازادلىق ئوردېنى، مۇستەقىللىق پەخرىي ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1983 - يىل 6 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 1999 - يىل 3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**قازىبېك بېقالى** (1941 — 1999) قازاق، شىخو ناھىيىسىدىن، تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە، ئالىي سىياسىي خىزمەتچى. 1961 - يىل 3 - ئايدا كومپارتىيىگە كىرگەن. 1962 - يىل 8 - ئايدا شىنجاڭ نېفىت مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن. شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى پەن تەتقىقات چوڭ ئەترىتىنىڭ تېخنىكى،



ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، باش ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئىدارە نېفىتلىك ھۆنەر - سەنئەت تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قوشۇمچە ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، پارتكومىنىڭ شۇجىسى، ئىدارە نېفىت ئېلىش ھۆنەر - سەنئەت ئاكادېمىيىسى پارتكومىنىڭ شۇجىسى، قاراماي شەھەرلىك 8 -، 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان. 1996 - يىل 8 - ئايدا سىياسىي كېڭەش قاراماي شەھەرلىك 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلانغان. 1999 - يىل 3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى كېسەل بىلەن قاراماي شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

**دۇەن چاڭجىن** (1930 — 1999) ئەر، خەنزۇ، سەنشىنىڭ ۋېنشۇي ناھىيىسىدىن. 1945 - يىل 9 - ئايدا ئارمىيىگە قاتناشقان، 1948 - يىل 1 - ئايدا كومپارتىيىگە كىرگەن. جەڭچى،



كۇرسانت، بەنجاڭ، پەيجاڭ، لىيەنجاڭ، يىڭ شتاب باشلىقى، يىڭجاڭ، تۇەن شتاب باشلىقى، مۇئاۋىن تۇەنجاڭ، تۇەنجاڭ، مۇئاۋىن شىجاڭ، شىجاڭ، شەرقىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى (جۇڭجاڭلىق ۋەزىپىسىگە تەڭ) بولغان. سەنشىدىكى فېنشياۋ ئۇرۇشىغا، غەربىي جەنۇبىي سەنشى ئۇرۇشىغا، يەنئەننى قوغداش ئۇرۇشىغا، چىڭخۇابىيەندىن ئەنبىيەنگىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئۇرۇشقا، پەنلۇڭ، گۇەنجۇڭ ئۇرۇشلىرىغا ۋە شىزاڭنىڭ ئالىي رايونىدىكى توپىلاڭنى تىنچىتىش ئۇرۇشىغا ھەمدە جۇڭگو - ھىندىستان چېگرىسىدىكى ئۆزىمىزنى قوغداپ قايتۇرما زەربە بېرىش ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ، كۆپ قېتىم خىزمەت كۆرسەتكەن. 1988 - يىلى شاۋجياڭ ئۇنۋانى ئالغان، مۇستەقىللىق پەخرىي ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1992 - يىل 5 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 1999 - يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**ئەخمەت غازى** (1927 — 1999) باي ناھىيىسىدىن. 1945 - يىل 8 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان. 1966 - يىل 4 - ئايدا كومپارتىيىگە كىرگەن. مىللىي ئارمىيە ئاتلىق ئەسكەرلەر 1 - تۇەنىدە جەڭچى، بەنجاڭ، مۇئاۋىن پەيجاڭ، كاتىپ،



مۇئاۋىن بۆلۈمچە باشلىقى، پەيجاڭ بولغان، غەربىي شىمال دالا ئارمىيىسى 5 - جۈن 13 - شى 37 - تۇەنىدە ئاديۇتانت قوشۇمچە تەشۋىقات، تەلىم - تەربىيە بۆلۈمچىسىنىڭ باشلىقى، جياۋداۋيۈەن، تۇەن كادىرلار باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئاتلىق ئەسكەرلەر 3 - تۇەنى كادىرلار باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى سەپەرۋەرلىك بۆلۈمىدە ياردەمچى، شتاب ئوفىتسېرى، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، يېڭىسار ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونى قوماندانلىق شتابىنىڭ مۇئاۋىن شتاب باشلىقى، مۇئاۋىن قوماندانى بولغان. كۆپ قېتىم خىزمەت كۆرسىتىپ مۇكاپاتلانغان، 2 - دەرىجىلىك نەمۇنىچى دەپ نام ئالغان. 3 - دەرىجىلىك ئازادلىق ئوردېنى ۋە مۇستەقىللىق پەخرىي ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1983 - يىل 6 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 1999 - يىل 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**گېڭ ۋېيچيۇ** (1930 — 1999) ئەر، خەنزۇ، شەندۇڭنىڭ چىڭخې ناھىيىسىدىن. 1947 - يىل 2 - ئايدا



ئارمىيىگە قاتناشقان، 1949 - يىل 9 - ئايدا كومپارتىيىگە كىرگەن. خادىم، تەكشۈرگۈچى، ئاخبارات پونكىتىنىڭ باشلىقى، چېگرا مۇداپىئە پونكىتىنىڭ باشلىقى، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى رازۋېدكا باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، ئاقسۇ شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ شتاب باشلىقى، مۇئاۋىن قوماندانى بولغان. چاڭخۇيى، جىنەن، خۇيخەي ئۇرۇشلىرىغا، چاڭجياڭدىن ئۆتۈش ئۇرۇشىغا ۋە جۇڭگو - ھىندىستان چېگرىسىدىكى ئۆزىمىزنى قوغداپ قايتۇرما زەربە بېرىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان. 5 قېتىم 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن. 1984 - يىل 12 - ئايدا

دەم ئېلىشقا چىققان. 1999 - يىل 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى كېسەل بىلەن شەندۇڭنىڭ يەنتەي شەھرىدە ۋاپات بولدى.

**لى چاڭلىن** (1917 — 1999) ئەر، خەنزۇ، سىچۈەننىڭ چۈشيەن ناھىيىسىدىن. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ كۆرەش قەھرىمانى. 1933 - يىل 10 - ئايدا قىزىل ئارمىيىگە قاتناشقان، 1934 - يىل 5 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا، 1936 - يىل 12 - ئايدا كومپارتىيىگە كىرگەن. يەر ئىنقىلابى دەۋرىدە، جەڭچى، بايراقچى بولغان، شىمالىي سىچۈەن سوۋېت رايونىدا 6 - يول قورشاپ ھۇجۇم قىلىش ئۇرۇشىغا ۋە 25 مىڭ يوللۇق ئۇزۇن سەپەرگە قاتناشقان. ياپونغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە، بەنجاڭ، پەيجاڭ، ليەنجاڭ، مۇئاۋىن يىڭجاڭ، يىڭجاڭ بولغان، ياڭمىڭباۋغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش ئۇرۇشى، يۈز



پولىك ئۇرۇشى، پەنلۇڭ، لىنىنەن ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان، قەھرىمانلىق مېدالى ۋە ئالاھىدە دەرىجىلىك مېدالغا ئېرىشكەن، 4 قېتىم ئۇلگىلىك پارتىيە ئەزاسى، ئۈلگىلىك كادىر دەپ نام ئالغان. ئازادلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە يىڭجاڭ، مۇئاۋىن تۇەنجاڭ، تۇەنجاڭ بولغان، شاڭداڭ، خەندەن، لۇڭخەي، شىمالىي خېنەن، غەربىي جەنۇبىي شەندۇڭ، خۇەيخەي ئۇرۇشلىرىغا، چاڭجياڭدىن ئۆتۈش ئۇرۇشىغا، غەربىي جەنۇبقا يۈرۈش قىلىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان. ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشى مەزگىلىدە تۇەنجاڭ، مۇئاۋىن شىجاڭ، مۇۋەققەت شىجاڭ بولغان، 5 - قېتىملىق ئۇرۇشقا، جىنچېڭ مۇداپىئە ئۇرۇشىغا ۋە شاڭگەنلىڭ ئۇرۇشىغا قاتناشقان. چاۋشيەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ 2 - دەرىجىلىك دۆلەت بايرىقى ئوردېنى ۋە 2 - دەرىجىلىك ئەركىنلىك - مۇستەقىللىق ئوردېنىغا ئېرىشكەن. ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن شىجاڭ، مۇئاۋىن جۈنجاڭ، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى، ئۈرۈمچى ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى، مەسلىھەتچىسى، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان. 1950 - يىل 9 - ئايدا مەملىكەتلىك كۆرەش قەھرىمانلىرى ۋەكىللىرى يىغىنىغا قاتناشقان. 1955 - يىلى شاۋجياڭ ئۇنۋانى ئالغان، 1960 - يىلى داشياۋلىققا ئۆستۈرۈلگەن؛ 3 - دەرىجىلىك «1 - ئاۋغۇست» ئوردېنى، 3 - دەرىجىلىك مۇستەقىللىق - ئەركىنلىك ئوردېنى، 2 - دەرىجىلىك ئازادلىق ئوردېنى، 2 - دەرىجىلىك قىزىل يۇلتۇز پەخرىي ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1987 - يىل 5 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 1999 - يىل 4 - ئاينىڭ 13 - كۈنى كېسەل بىلەن نەنجىڭ شەھرىدە ۋاپات بولدى.

**مەھەممەت تۇردى** (1920 — 1999) پەيزاۋات ناھىيىسىدىن، دىنىي زات، قەشقەر مەدرىسەسىدە ئوقۇغان،



1965 - يىلى بورتالا ناھىيىسى ئۈچقۇن گۇڭشېسى (ھازىرقى ئوتبۇلاق بازىرى) غا كېلىپ دېھقانچىلىق قىلغان. 1984 - يىلدىن باشلاپ ئوتبۇلاق بازىرى مەسچىتىدە ئىماملىق قىلغان. بورتالا ئوبلاستلىق 7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئوبلاستلىق 6 -، 7 -، 8 - نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشلەرنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەملىكەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، بورتالا ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى بولغان. 1999 - يىل 5 - ئاينىڭ 19 - كۈنى كېسەل بىلەن بورتالا شەھرىدە ۋاپات بولدى.

**ليۇ يۇڭفېڭ** (1931 — 1999) ئەر، خەنزۇ، شەندۇڭنىڭ مۇپىڭ ناھىيىسىدىن. 1947 - يىل 2 - ئايدا ئارمىيىگە قاتناشقان، 1948 - يىل 2 - ئايدا كومپارتىيىگە كىرگەن. جەڭچى،



ئالاقىچى، ھۆججەت باسقۇچى، پەيجاڭ، خادىم، بۆلۈم باشلىقى، تۈەن مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى، شىمالىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى كادىرلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى مۇداپىئە 2 - شىسى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى ئىلى زاپاس شىسى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولغان. ئازادلىق مېدالى، غالىبىيەت پەخرىي ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1988 - يىل 1 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 1999 - يىل 5 - ئاينىڭ

27 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**ۋاڭ چاڭتەي** (1917 — 1999) ئەر، خەنزۇ، شەنشىنىڭ يەنجاڭ ناھىيىسىدىن. 1935 - يىلى ئىنقىلابقا قاتناشقان، 1936 - يىلى قىزىل ئارمىيىگە قاتناشقان. 1938 - يىلى



كومپارتىيىگە كىرگەن. 1944 - يىل 11 - ئايدىن 1946 - يىل 8 - ئايغىچە يەنئەن ۋىلايەتلىك پارتكوم كادىرلار كۇرسىدا ۋە غەربىي شىمال پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇغان. جەنۇبىي، رايونلۇق پارتكوم شۇجىسى، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ تەشكىلات خادىمى، خەلق ھەرىكىتى خادىمى، بۆلۈمچە باشلىقى، جىمسار ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى، سانجى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى، سانجى ئوبلاستلىق ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، سانجى ئوبلاستلىق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، سانجى ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەش 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى، پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى بولغان. 1999 - يىل 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى كېسەل بىلەن سانجى شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

**ياڭ خۇڭشى** (1927 — 1999)، ئەر، خەنزۇ، شەندۇڭنىڭ زىبو شەھىرىدىن. 1945 - يىل 7 - ئايدا ئىنقىلابقا قاتناشقان، 1947 - يىل 1 - ئايدا كومپارتىيىگە كىرگەن. جەڭچى،



مۇئاۋىن بەنجاڭ، بەنجاڭ، كۇر- سانت، كاتىپ، پەيجاڭ، مۇئاۋىن سىياسىي يېتەكچى، يېتەكچى، مۇئاۋىن يىڭجاڭ، يىڭجاڭ، مۇئاۋىن تۇەنجاڭ، تۇەنجاڭ، شىنجاڭ ھەربىي رايونى قوماندانلىق شتابى ھەربىي ئىشلار بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، مۇئاۋىن شىجاڭ، شىنجاڭ ھەربىي رايونى «7 - ماي» كادىرلار مەكتىپىنىڭ مۇدىرى، شەرقىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى قوماندانلىق شتابىنىڭ مۇئاۋىن شتاب باشلىقى (شىجاڭلىق ۋەزىپىسىگە تەڭ) بولغان. جەنۇبىي شەندۇڭ، لەيۋۇ، مېڭلياڭگۇ، خۇەيخەي ئۇرۇشلىرىغا ۋە ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان، كۆپ قېتىم خىزمەت كۆرسەتكەن. ئازادلىق مېدالى، ئازادلىق ئوردېنى، مۇستەقىللىق - ئەركىنلىك ئوردېنى، غالىبىيەت پەخرىي ئوردېنى ۋە مۇستەقىللىق پەخرىي ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1983 - يىل 6 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 1999 - يىل 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**ليۇ سەنفاڭ** (1924 — 1999) ئەر، خەنزۇ، سەنشىنىڭ لىڭچيۇ ناھىيىسىدىن. 1939 - يىل 7 - ئايدا 8 - ئارمىيىگە قاتناشقان، 1944 - يىلى كومپارتىيىگە كىرگەن. مۇئاۋىن بەنجاڭ، بەنجاڭ، مۇھاپىزەتچى، پەيجاڭ، مۇئاۋىن يىڭجاڭ، شىنجاڭ چەرچەن مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر شىسىدا يىڭجاڭ،




ئەترەت باشلىقى، مۇئاۋىن تۇەنجاڭ بولغان، ئالتاي شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن شتاب باشلىقى، ئىلى شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن شتاب باشلىقى، مۇئاۋىن قوماندانى بولغان. شياڭگەن، خۇاڭگاڭ، يۇنچېڭ، ۋازىجيې، خېشۇي جەڭلىرىگە ۋە جۇڭگو - ھىندىستان چېگرىسىدىكى ئۆزىمىزنى قوغداپ قايتۇرما زەربە بېرىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان. ئازادلىق مېدالى، ئازادلىق ئوردېنى، مۇستەقىللىق - ئەركىنلىك ئوردېنى ۋە غالىبىيەت پەخرىي ئوردېنى، مۇستەقىللىق پەخرىي ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1983 - يىل 6 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 1999 - يىل 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**خەن مىڭرۇ** (1924 — 1999) ئەر، خەنزۇ، خېبېينىڭ جيەن- پىڭ ناھىيىسىدىن. 1938 - يىل 6 - ئايدا كومپارتىيىگە كىرگەن، 1939 - يىل 9 - ئايدا ئىنقىلابقا قاتناشقان. ناھىيىلىك ياشلار قۇتقۇزۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ خادىمى، رايونلۇق خىزمەت ئۆمىكىنىڭ



يېتەكچىسى، لىيەننىڭ مۇئاۋىن يېتەكچىسى، تۈمەن تەمىنات باشقارمىسىنىڭ بوغالتىرى، مۇپەتتىش بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، بوغالتىرلار تەلىم - تەربىيە ئەترىتىنىڭ باشلىقى، پىلان ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، مالىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، مالىيە بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئارقا سەپ بۆلۈمى تەمىنات 2 - بۆلۈمىنىڭ باشلىقى (مۇئاۋىن جۈنجاڭلىق ۋەزىپىسىگە تەڭ) بولغان. جەنۇبقا يۈرۈش قىلىش - شىمالغا قايتىش ئۇرۇشىغا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى مۇھاسىرىنى بۆسۈش ئۇرۇشىغا، ئوتتۇرا سەنشى، شىماڭ، يۈگخې، يۈلىن، خەنچېڭ، يىچۈەن، يۈنچېڭ ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. 1955 - يىلى داۋبې ئوردېنى ئالغان، مۇستەقىللىق - ئەركىنلىك ئوردېنى، ئازادلىق ئوردېنى ۋە غالىبىيەت پەخرىي ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1962 - يىلى جۇڭگشياۋلىقتا ئۇستۇرۇلگەن. 1980 - يىل 6 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 1999 - يىل 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**چېن شاۋخۇا** (1934 — 1999) ئەر، خەنزۇ، لياۋنىڭنىڭ فېڭچېڭ شەھىرىدىن. 1959 - يىلى جۇڭگو تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرۈپ شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتىغا تەقسىم قىلىنغان. 1985 - يىلى كومپارتىيىگە كىرگەن. 1963 - يىلدىن باشلاپ سۈيدۈك ئاجرىتىش ئەزالىرى تاشقى كېسەللىكلىرى بۆلۈمىدە ئىشلەپ،



مەسئۇل ۋراچ، لېكتور، كاندىدات باش ۋراچ، بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مۇدىرى، تاشقى كېسەللىكلەر ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، دوتسېنت، باش ۋراچ، پروفېسسور، دوكتور يېتەكچىسى بولغان، قوشۇمچە جۇڭخۇا تېببىي ئىلىم جەمئىيىتى سۈيدۈك ئاجرىتىش ئەزالىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ سۈيدۈك ئاجرىتىش ئەزالىرى شۆبە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى، شىنجاڭ ئاناسىل كېسەللىكلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي كېڭەش ئەزاسى، «شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» تەھرىر ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى بولغان. 1990 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 1 - دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر كەسپىي تېخنىكا خادىمى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن، 1992 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس» دېگەن نامغا ئېرىشكەن، گوۋۇيۈەننىڭ ئالاھىدە ياردەم پۇلىدىن بەھرىمەن بولغان، 1994 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ 4 - دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن، 1995 - يىلى سەھىيە نازارىتى بەرگەن «ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر تېببىي ئىلىم - پەن - تېخنىكا خادىمى» دېگەن نامغا ئېرىشكەن. 1999 - يىل 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تاسادىپىي ۋەقەگە ئۇچراپ سانجى شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

**رېن شۇتيەن** (1921 — 1999) ئەر، خەنزۇ، خېنەننىڭ جىشيەن ناھىيىسىدىن. 1938 - يىل 2 - ئايدا ئىنقىلابقا قاتناشقان، 1939 - يىل 5 - ئايدا كومپارتىيىگە كىرگەن. ياپونغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە تەشۋىقاتچى، تەشۋىقات شۆبە ئەترىتىنىڭ باشلىقى، ياشلار خىزمىتى خادىمى، يىڭ ئورگىنىنىڭ يېتەكچىسى، لىيەن يېتەكچىسى، يىڭنىڭ جياۋداۋيۈەنى بولغان. كۆپ قېتىملىق ئۇرۇشلارغا ۋە



10 نەچچە قېتىم ئازىلاشقا قارشى كۈرەشكە، شى يۈشەننى جازالاش، لى شيەنجۇنى چېكىندۈرۈشكە ئوخشاش مەشھۇر ئۇرۇشلارغا قاتناشقان. ئازادلىق ئۇرۇش دەۋرىدە يىڭجاڭ، تۈەن شتاب باشلىقى، مۇئاۋىن تۈەنجاڭ، سىياسىي كومىسسار بولغان. يەنئەن مۇداپىئە ئۇرۇشى، شىفۇ، لىبېي، لەنجۇ ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. 1949 - يىلى شىنجاڭغا يۈرۈش قىلغاندىن كېيىن، تۈەنجاڭ قوشۇمچە سىياسىي كومىسسار، مۇئاۋىن شىجاڭ، شىجاڭ بولغان، قىسمىنى باشلاپ ئوسمان، يولۋاس باندىتلىرىنى يوقىتىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان. 1954 - يىلدىن كېيىن بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 5 - شىسىنىڭ شىجاڭى قوشۇمچە سىياسىي كومىسسارى، نەنجىڭ ھەربىي ئىنستىتۇتى تېز يېتىشتۈرۈش ئالىي فاكۇلتېتىنىڭ كۇرسانتى، ئالىي ھەربىي ئىنستىتۇت ھاۋا مۇداپىئە ئوقۇتۇش جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئىستراتېگىيە ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، ئىلى ھەربىي رايونىنىڭ شتاب باشلىقى، مۇئاۋىن قوماندانى قوشۇمچە شتاب باشلىقى، شىمالىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى پىيادە ئەسكەرلەر مەكتىپىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئۈرۈمچى قورۇقلۇق ئارمىيە مەكتىپىنىڭ مۇدىرى، ئۈرۈمچى ھەربىي رايونىنىڭ شتاب باشلىقى (بىڭتۇەن باشلىقلىق ۋەزىپىسىگە تەڭ) بولغان. 1955 - يىلى

شاۋشياۋ ئۇنۋانى ئالغان. 3 - دەرىجىلىك مۇستەقىللىق - ئەركىنلىك ئوردېنى ۋە 2 - دەرىجىلىك ئازادلىق ئوردېنىغا ئېرىشكەن؛ 1960 - يىلى داشياۋلىققا ئۆستۈرۈلگەن. مۇستەقىللىق پەخرىي ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1987 - يىل 4 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 1999 - يىل 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**لىيۇ خەن** (1924 — 1999) ئەر، خەنزۇ، سەنشىنىڭ يۈيۈ ناھىيىسىدىن. 1939 - يىل 3 - ئايدا ئىنقىلابقا قاتناشقان، 1939 - يىل 8 - ئايدا كومپارتىيىگە كىرگەن. كۆرسەتمە خادىم، سىياسىي يېتەكچى، جىياۋداۋيۈەن، تۈەن سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، سىياسىي كومىسسارى، ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمى ئاممىۋى خىزمەت - ئالاقە باغلاش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان. ئازادلىق ئوردېنى، مۇستەقىللىق - ئەركىنلىك ئوردېنى ۋە مۇستەقىللىق



پەخرىي ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1981 - يىل 6 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 1999 - يىل 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى كېسەل بىلەن شىجياجۇاڭ شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

**جۇماش (ئەسلى ئىسمى ما تىڭيۈن)** (1924 — 1999) ئەر، سالا، چۆچەك شەھىرىدىن. 1945 - يىل 8 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان. 1953 - يىل 12 - ئايدا



كومپارتىيىگە كىرگەن. 1949 - يىل 10 - ئايدىن باشلاپ چۆچەك ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مالىيە بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، تارباغاتاي ۋىلايىتى مەمۇرىي مەھكىمىسى مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتى مالىيە بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك پارتكوم مالىيە - سودا بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە پىلان كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان. 1999 - يىل 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى كېسەل بىلەن چۆچەك شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

**فېڭ دېيەنكۈي** (1930 — 1999) ئەر، خەنزۇ، خېنەننىڭ كەيفېڭ شەھىرىدىن، 1949 - يىل 9 - ئايدا ئارمىيىگە قاتناشقان، 1963 - يىل 6 - ئايدا كومپارتىيىگە كىرگەن. بەنجاڭ، پەيجاڭ، لىيەنجاڭ، شتاب ئوفىتسېرى، بۆلۈمچە باشلىقى، سىياسىي جىياۋداۋيۈەن،



مۇئاۋىن تۈەنجاڭ، تۈەنجاڭ، ئارقا سەپ 29 - تارماق قىسمىنىڭ شتاب باشلىقى، ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى ئارقا سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن شتاب باشلىقى (شىجاڭلىق ۋەزىپىسىگە تەڭ) بولغان. شىجى، گەنسۇ قاتارلىق جايلاردىكى باندىت تازىلاش ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان، كۆپ قېتىم خىزمەت كۆرسىتىپ مۇكاپاتلانغان. 1955 - يىلى شاۋشياۋ ئۇنۋانى ئالغان، 1964 - يىلى داۋيېلىققا ئۆستۈرۈلگەن. ئازادلىق مېدالى، غالىبىيەت پەخرىي ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1986 - يىل 12 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 1999 - يىل 10 - ئاينىڭ 8 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**سۈن بى** (1917 — 1999) ئەر، خەنزۇ، سەنشىنىڭ شويالڭ ناھىيىسىدىن. 1937 - يىل 8 - ئايدا ئىنقىلابقا قاتناشقان، 1938 - يىل 4 - ئايدا كومپارتىيىگە كىرگەن. جەڭچى،



مۇئاۋىن بەنجاڭ، بەنجاڭ، پەيجاڭ، مۇئاۋىن لىيەنجاڭ، لىيەنجاڭ، شتاب ئوفىتسېرى، بۆلۈم باشلىقى، ئاخبارات باش پونكىتىنىڭ باشلىقى، ئاخبارات باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، شىنژاڭ ئالىي تارماق ئەترىتىنىڭ باشلىقى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئاخبارات باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، ئاخبارات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى قوماندانلىق شتابى تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى (مۇئاۋىن جۈنجاڭلىق ۋەزىپىسىگە تەڭ) بولغان. شياڭلىڭ،

شىشيەن، شياۋيى، ۋېنشۈي ناھىيىلىرىدە بولغان ئۇرۇشلارغا، شۈيتەن، بېيپەن، خۇاچىتۇ، لاڭبوشەن، تەييۈەن، ئوتتۇرا سەنشى ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان، بىر قېتىم 2 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن، كۆپ قېتىم مۇكاپاتلانغان. 1955 - يىل 9 - ئايدا جۇڭشياۋ ئۇنۋانى ئالغان. ئازادلىق ئوردېنى، مۇستەقىللىق ئوردېنى ۋە مۇستەقىللىق پەخرىي ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1983 - يىل 9 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 1999 - يىل 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولغان.

**سەي زۇڭجى** (1923 — 1999) ئەر، خەنزۇ، شەندۇڭنىڭ رۇڭچېڭ ناھىيىسىدىن. 1944 - يىل 2 - ئايدا ئىنقىلابقا قاتناشقان، 1946 - يىل



4 - ئايدا كومپارتىيىگە كىرگەن. بۆلۈم ئەزاسى، خادىم، سىياسىي يېتەكچى، يىڭ سىياسىي كومىسسارى، تۇەننىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى، تارماق ئەترەتنىڭ سىياسىي كومىسسارى، ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى ئارقا سەپ بۆلۈمى 30 - تارماق بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى (مۇئاۋىن شىجاڭ دەرىجىلىك) بولغان. بىر قېتىم چوڭ، 4 قېتىم كىچىك خىزمەت كۆرسەتكەن. 1960 - يىلى شاۋشياۋ ئۇنۋانى ئالغان. ئازادلىق ئوردېنى، مۇستەقىللىق پەخرىي ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1981 - يىل 6 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 1999 - يىل 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**ياڭ ۋەنزاۋ** (1920 — 1999) ئەر، خەنزۇ، سەنشىنىڭ سۇشيەن ناھىيىسىدىن. 1937 - يىل 4 - ئايدا ئىنقىلابقا قاتناشقان، 1938 - يىل 8 - ئايدا كومپارتىيىگە كىرگەن. ئوتتۇرا ئەترەت باشلىقى، ليەنجاڭ، سىياسىي يېتەكچى، كاللوننا ماتارىيې خادىمى، قوماندانلىق شتابىنىڭ ماتارىيېقا مەسئۇل شتاب ئوفىتسېرى، مۇئاۋىن جياۋداۋيۈەن، جياۋداۋيۈەن، تۈەن سىياسىي باشقارما مۇدىرى، غەربىي شىمال ھەربىي رايونى توپچى قىسىم كادىرلار بۆلۈمىنىڭ 1 - مۇئاۋىن باشلىقى، توپچى قىسىم ئالىي تېخنىكا مەكتىپى باشقۇرۇش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، توپچى قىسىم قۇرۇلۇش ئىنستىتۇتى تەشكىلات



بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا بىۋاسىتە قاراشلىق سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى (مۇئاۋىن جۈنجاڭلىق ۋەزىپىسىگە تەڭ) بولغان. ياپونغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە سەنشى - سۈيۈەن رايونى، لىنشيەن ناھىيىسى، چېنجۇاڭ، خۇبېيگۇڭ قاتارلىق جايلاردا بولغان ئۇرۇشلارغا قاتناشقان، ئازادلىق ئۇرۇشى دەۋرىدە جوزىشەن، جىنىڭ قاتارلىق جايلاردا بولغان ئۇرۇشلارغا قاتناشقان. مۇستەقىللىق - ئەركىنلىك ئوردېنى، ئازادلىق ئوردېنى ۋە غالىبىيەت پەخرىي ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1980 - يىل 7 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 1999 - يىل 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**ليۇ يۈنشېڭ** (1915 — 1999)، ئەر، خەنزۇ، شەنشىنىڭ چىڭجيەن ناھىيىسىدىن. 1934 - يىل 8 - ئايدا كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا كىرگەن. 1935 - يىل 3 - ئايدا ئىنقىلابقا قاتناشقان، شۇ يىلى 12 - ئايدا كومپارتىيىگە كىرگەن. ياپونغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە



شەنشى - گەنسۇ - نىڭشيا چېگرا رايونلۇق ئىتتىپاق پەۋقۇلئاددە كومىتېتىنىڭ كۆزەتكۈچىسى، ئەنجەي ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، جيەن ناھىيىلىك ئۆسمۈرلەر كومسومولى مەركىزىي بيۇروسىنىڭ كۆزەتكۈچىسى، يەنچاڭ ناھىيىلىك ۋەتەن قۇتقۇزۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ ياشلار خىزمىتىگە مەسئۇل مۇدىرى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، يەنئەن شەھەرلىك ياشلار ۋەتەن قۇتقۇزۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولغان. ئازادلىق ئۇرۇشى دەۋرىدە ئەنجەي چېگرا رايونلۇق قوغداش باشقارمىسى تەكشۈرۈش پونكىتىنىڭ باشلىقى، يەنئەن رايونلۇق ئامانلىق ساقلاش باشقارمىسىنىڭ بۆلۈم باشلىقى، سەنشى ئوفىتسېرلار تۈەنى 5 - ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، شەنشى سەنيۈەن ئوفىتسېرلار تۈەنى 3 - چوڭ ئەترىتىنىڭ باشلىقى، لەنجۇ تۆمۈريول تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى ئىشچى -

خىزمەتچىلەر مەكتىپىنىڭ مۇدىرى، ئۈرۈمچى ئۆمۈرىيول ئىدارىسى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان. 1982 ـ يىل 9 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 1999 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى كېسەل بىلەن شىخەندە ۋاپات بولدى.

**لىيۇ فېڭچى** (1926 — 1999) ئەر، خەنزۇ، سەنشىنىڭ باۋدې ناھىيىسىدىن. 1942 ـ يىل 6 ـ ئايدا ئىنقىلابقا قاتناشقان. شۇ يىلى كومپارتىيىگە كىرگەن. ئۇزۇن مۇددەت پارتىيە



خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. سەنشى ـ سۈيۈەن 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ باش ياچېيكا گۇرۇپپا باشلىقى، ياچېيكا كومىتېتى تارماق ياچېيكا شۇجىسى، سەنشى ـ سۈيۈەن چېگرا رايونى 2 ـ شۆبە رايونلۇق خائىنلارغا قارشى تۇرۇش ـ قەرزنى ئېنىقلاش ـ ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ـ يەر ئىسلاھاتى خىزمەت ئەترىتىدە گۇرۇپپا باشلىقى، سەنشى ـ سۈيۈەن 2 ـ شۆبە رايونى ۋۇجەي ناھىيىلىك، ۋۇجەي شەھەرلىك يەر ئىسلاھاتى خىزمەت گۇرۇپپىلىرىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ج ك پ ۋۇجەي شەھەرلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، سەنشى 2 ـ جۇن سەنشى ـ سۈيۈەن يېڭى ئەسكەرلەر تۈەنى 2 ـ يىڭنىڭ جياۋداۋيۈەنى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى قۇرۇلۇش قىسىملىرى 2 ـ تۈەن 3 ـ يىڭنىڭ مۇئاۋىن جياۋداۋيۈەنى، سىياسىي باشقارمىنىڭ بۆلۈمچە باشلىقى، تۈەنگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار پارتكومىنىڭ شۇجىسى، بورتالا ناھىيىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ـ يەر ئىسلاھاتى خىزمەت ئۆمىكى چوڭ ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، چوڭ ئەترەت پارتكومىنىڭ شۇجىسى، سۈيدىڭ ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى، شىنجاڭ ئىلى سوتسىيالىستىك تەلىم ـ تەربىيە خىزمەت ئۆمىكى خىزمەت ئەترىتىنىڭ باشلىقى، پارتكوم شۇجىسى، كۈنەس ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ناھىيىلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئىلى ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەشنىڭ باش كاتىپى، ئوبلاستلىق سەھىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، پارتكوم شۇجىسى، غۇلجا شەھەرلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى قوشۇمچە شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى، خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ 1 ـ سىياسىي كومىسسارى بولغان. 1988 ـ يىل 8 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 1999 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى كېسەل بىلەن غۇلجا شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

**جۇ جېڭشىڭ** (1929 — 1999) ئەر، خەنزۇ، شەندۇڭنىڭ خېيياڭ ناھىيىسىدىن. 1944 ـ يىلى ئارمىيىگە قاتناشقان، 1945 ـ يىل 11 ـ ئايدا كومپارتىيىگە كىرگەن. تېببىي تەلىم ـ تەربىيە ئەترىتىنىڭ كۇرسانتى، مۇدىر، مەسئۇل ھەربىي ۋراچ، بۆلۈم مۇدىرى، 4 ـ ھەربىي تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كۇرسانتى، تېببىي باشقارما مۇدىرى، 151 ـ دوختۇرخانىنىڭ باشلىقى (تېخنىكا 5 ـ دەرىجە) بولغان. خۇبېي ئۇرۇشى ۋە چاڭجياڭدىن ئۆتۈش ئۇرۇشىغا، شىزاڭدا توپىلاڭنى تىنچىتىشقا قاتناشقان، بىر قېتىم 3 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن، 3 ـ دەرىجىلىك مۇستەقىللىق ئوردېنى ۋە مۇستەقىللىق پەخرىي ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1989 ـ يىل 12 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 1999 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى كېسەل بىلەن بېيجىڭدا ۋاپات بولدى.



**لى يۇفۇ** (1921 — 1999) ئەر، خەنزۇ، سەنشىنىڭ لىشى ناھىيىسىدىن. 1939 ـ يىل 1 ـ ئايدا ئىنقىلابقا قاتناشقان. 1939 ـ يىل 3 ـ ئايدا كومپارتىيىگە كىرگەن. كۇرسانت، رادىست، خادىم، شتاب ئوفىتسېرى، ئاخبارات ئىستانسىسىنىڭ باشلىقى، رادىئو ئىستانسىسىدا ئەترەت باشلىقى، خەۋەر ـ ئالاقە بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، باشلىقى، باشقارما باشلىقى، ش ئۇ ئا ر تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، سانجى شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى (شىنجاڭ دەرىجىلىك مۇئامىلىدىن بەھرىمەن قىلىنغان) بولغان. چىڭخۇافەن ئۇرۇشى، شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشيا چېگرا رايونىنى قوغداش ئۇرۇشى، يۈنچېڭ، خېشۈي ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. مۇستەقىللىق ـ ئەركىنلىك ئوردېنى، ئازادلىق ئوردېنى ۋە مۇستەقىللىق پەخرىي ئوردېنىغا ئېرىش-



كەن. 1980 - يىلى 11 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 1999 - يىلى 12 - ئاينىڭ 5 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

## لى كېچۈەن (1917 — 1999)

ئەر، خەنزۇ، لياۋنىڭنىڭ يىڭكۇ شەھىرىدىن، 1935 - يىلى شەرقىي شىمال ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بېيجىڭ شۆبىسىگە ئىمتىھان بېرىپ كىرىپ، شۇ يىلى «9 - دېكابىر» ۋەتەنپەرۋەرلىك ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىگە قاتناشقان. 1936 - يىل 3 - ئايدا ئىنقىلابقا قاتناشقان، 1938 - يىل 10 - ئايدا كومپارتىيىگە كىرگەن. سەنشى گوشيەن قوغدىنىش باش ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، دېيشيەن قوغدىنىش باش ئەترىتىنىڭ يېتەكچىسى، گوشيەن، دېيشيەن، ۋۇتەيشيەن پارتىزانلار تارماق ئەترىتىنىڭ يېتەكچىسى، چوڭ ئەترەتنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى، سەنشى شۇيالڭ، يۇسى ناھىيىلىرىدە پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ باشلىقى، سىياسىي كومىسسارى، سەنشى تەيدۇڭ تارماق ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى، لياۋنىڭ يىڭكۇ شەھەرلىك ئامانلىق ساقلاش باش ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى، جەنۇبىي لياۋنىڭ ھەربىي رايونى 4 - تۈەنىنىڭ سىياسىي كومىسسارى، توپچى ئەسكەرلەر تۈەنىنىڭ سىياسىي كومىسسارى، 4 - دالا ئارمىيىسى 5 - كالوننا توپچى ئەسكەرلەر تۈەنىنىڭ سىياسىي كومىسسارى بولغان. 1950 - يىل 1 - ئايدا جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دېپلوماتىيە فاكۇلتېتىدا تەربىيىلەنگەن، كېيىن دېپلوماتىيە مىنىستىرلىكى چەت ئەل تىلى مەكتىپى كادىرلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، مەكتەپ پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان. 1955 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭغا خىزمەتكە كېلىپ، ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، مەدەنىيەت - مائارىپ بۆلۈمى كادىرلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ باش كاتىپى، مۇئاۋىن مۇدىرى، پارتگورۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قوشۇمچە مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان. 1983 - يىل 6 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 1999 - يىل 12 - ئاينىڭ 12 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

## لى يۈتىڭ (1921 — 1999)

ئەر، خەنزۇ، شەندۇڭنىڭ نىڭجىن ناھىيىسىدىن. 1942 - يىلى ئىنقىلابقا قاتناشقان، 1946 - يىلى كومپارتىيىگە كىرگەن. كاتىپ، پەيجاڭ، مۇئاۋىن سىياسىي يېتەكچى، يېتەكچى، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، رايونلۇق ئەترەت باشلىقى، چوڭ ئەترەت باشلىقى، تارماق ئەترەتنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى، تۈەننىڭ سىياسىي كومىسسارى، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئارقا سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى، قىزىلسۇ شۆبە ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى (شىجاڭ دەرىجىلىك مۇئامىلىدىن بەھرىمەن قىلىنغان) بولغان. يۈنجياڭ، ئەيشى، بەيشۈي، يۈچياڭ، بېيلياڭ بازىرى، ۋازىجيې، خۇتەنشەن، ۋاڭجۇاڭ بازىرى، لىبېي، خەنسۈن، شياۋخاۋيىڭ، يۈگفياڭ قاتارلىق جايلارنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. 1955 - يىلى شاۋشياۋ ئۇنۋانى ئالغان، 1962 - يىلى جۇڭشياۋلىققا ئۆستۈرۈلگەن. ئازادلىق ئوردېنى ۋە غالىبىيەت پەخرىي ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1980 - يىل 5 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 1999 - يىل 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

## ۋاڭ خۇادۇڭ (1930 — 1999)

ئەر، خەنزۇ، خېبەينىڭ يۇياڭ ناھىيىسىدىن. 1944 - يىل 6 - ئايدا ئىنقىلابقا قاتناشقان، 1947 - يىل 4 - ئايدا كومپارتىيىگە كىرگەن. ئالاقىچى، مۇئاۋىن پەيجاڭ، مۇئاۋىن ليەنجاڭ، سىياسىي يېتەكچى، سىياسىي جياۋداۋيۈەن، پىيادە ئەسكەرلەر ئالىي مەكتىپىنىڭ كۇرسانتى، تۈەننىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى، كارتوگرافىيە چوڭ ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى، سىياسىي كومىسسارى، ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى مۇداپىئە 1 - شىسىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى بولغان. يۈنچېڭ، ۋازىجيې، باۋجى، يۈگفېڭ ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. 1955 - يىل داۋېي ئۇنۋانى ئالغان، 1962 - يىلى شاۋشياۋلىققا ئۆستۈرۈلگەن. ئازادلىق ئوردېنى ۋە غالىبىيەت پەخرىي ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1980 - يىل 11 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 1999 - يىل 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.







# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 1999 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى توغرىسىدىكى ستاتىستىكىلىق ئاخباراتى

ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى

1999 - يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايون بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە دۆلەتنىڭ سېلىنمىنى كۆپەيتىش، ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىش قاتارلىق ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا تۈرتكە بولىدىغان بىر قاتار سىياسەت - تەدبىرلىرى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ئىقتىسادىي پائالىيەت جەريانىدىكى قىيىنچىلىقلار تىرىشىپ يېڭىلىپ، خىزمەتلەر ھەقىقىي ئوبدان ئىشلىنىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ مۇقىم يۈكسىلىشى ساقلاپ قېلىندى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ۋەزىيىتى مۇقىم بولدى، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىدا ئېشىش ۋەزىيىتى ساقلاپ قېلىندى، ئىقتىسادىي ئۈنۈم سەل - پەل ئاشتى، ئىستېمال بازىرىدا ياخشىلىنىش بولدى، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش دائىرىسى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى، مالىيە - پۇل مۇئامىلىسى ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىم بولدى، پەن - تېخنىكا، ئىجتىمائىي ئىشلار ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدى، خەلقنىڭ تۇرمۇشى داۋاملىق ياخشىلاندى.

## 1. ئومۇمىي ئەھۋال

1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 116 مىليارد 855 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %7.1 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 26 مىليارد 851 مىليون يۈەن بولۇپ، %2.7؛ 2 - كەسپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 46 مىليارد 71 مىليون يۈەن بولۇپ، %7.3؛ 3 - كەسپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 43 مىليارد 933 مىليون يۈەن بولۇپ، %10.9 ئاشتى. قوشۇلما قىممەتنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 1 - كەسپنىڭ %23، 2 - كەسپنىڭ %39.4، 3 - كەسپنىڭ %37.6 بولۇپ، 1 -كەسپنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى 1998 - يىلدىكىدىن 3.1 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى، 2 - كەسپنىڭ 0.8 پىرسەنت پوئىنتى، 3 - كەسپنىڭ 2.3 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىدى. 1 - كەسپنىڭ ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىدىكى تۆھپە ئۈلۈشى ئازىيىپ كەتتى، 2 .، 3 - كەسپلەرنىڭ بولسا ئۆرلىدى. 1 - كەسپنىڭ تۆھپە ئۈلۈشى %11.59 بولۇپ، 18.05 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى، 2 - كەسپنىڭ %39.20 بولۇپ، 3.97 پىرسەنت پوئىنتى، 3 - كەسپنىڭ %49.21 بولۇپ، 14.08 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىدى. %7.1 لىك ئېشىش سۈرئىتىدە 1 - كەسپنىڭ تۈرتكىلىك نىسبىتى 0.8 پىرسەنت پوئىنتى، 2 - كەسپنىڭ 2.8 پىرسەنت پوئىنتى، 3 - كەسپنىڭ 3.5 پىرسەنت پوئىنتى بولدى.

ئىقتىسادىي تۇرمۇشتا ساقلانغان ئاساسلىق مەسىلىلەر مۇنۇلار: ئۈنۈملۈك ئېھتىياج كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە يېتەرسىز بولدى، بازاردىكى مال باھاسى ئۇدا تۆۋەنلىدى، يېزا بازارلىرىدا تېخىمۇ تۆۋەن بولدى؛ دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ئاستا بولدى، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنىڭ نامۇۋاپىق بولۇش ھالىتى كۈنسايىن گەۋدىلەندى، سانائەتنىڭ سۈرئەت ئاستا، ئۈنۈم تۆۋەن بولۇش ئەھۋالىدا تۈپتىن ياخشىلىنىش بولمىدى، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسى يەنىلا ئاجىز بولدى، دېھقانلارنىڭ كىرىمى تۆۋەنلەپ كەتتى؛ سېلىنمىنىڭ ئېشىشى ئاستىلىدى، خەلق ئارىسىدىكى مەبلەغ سېلىش ئاكتىپلىقى تولۇق قوزغىتىلمىدى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ خېلىلا يېتەرسىز بولدى؛ مالىيە ئەھۋالى يەنىلا جىددىي بولدى، مەبلەغ يۆتكەش ئىنتايىن تەس بولدى؛ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتىكى بېسىم ئېغىرلاشتى ، بىر قىسىم ئاممىنىڭ تۇرمۇشى بىر قەدەر قىيىن بولدى.

## 2. يېزا ئىگىلىكى

1999 - يىلى جايلار، تارماقلار يېزا ئىگىلىكىنىڭ

ئۇنۇمىنى ئۆستۈرۈش، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى بازار ئېھتىياجىغا قاراپ تەشكىللەپ، يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش قەدىمىنى تېزلىتىپ، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقنىڭ پۇختا قەدەم بىلەن راۋاجلىنىشىنى ساقلاپ قالدى. ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 46 مىليارد 115 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %3 ئاشتى. ئاشلىق زىرائەتتى تېرىلغۇ كۆلىمى 22 مىليون 824 مىڭ 800 مو بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 776 مىڭ 700 مو ئازايدى؛ كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى 14 مىليون 939 مىڭ مو بولۇپ، 50 مىڭ مو ئازايدى؛ قىزىلچا تېرىلغۇ كۆلىمى 1 مىليون 178 مىڭ 100 مو بولۇپ، 483 مىڭ 200 مو ئازايدى؛ ياغلىق دان زىرائەتتى تېرىلغۇ كۆلىمى 4مىليون 907 مىڭ 900 مو بولۇپ، 1 مىليون 725 مىڭ 800 مو كۆپەيدى، قوغۇن - تاۋۇز، كۆكتات تېرىلغۇ كۆلىمى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىلدى. ئاشلىق زىرائەتتى تېرىلغۇ كۆلىمى ئازايغان بولسىمۇ، بىرلىك مەھسۇلات سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ، ئومۇمىي مەھسۇلاتنىڭ بىر ئاز ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىندى، پاختا، ياغلىق دان، قىزىلچا قاتارلىق ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى مىقدارىدا خېلى ياخشى سەۋىيە ساقلاپ قېلىندى. ئاشلىق مەھسۇلاتى 8 مىليون 387 مىڭ 800 توننىغا يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %1.1 ئاشتى؛ پاختا 1 مىليون 407 مىڭ 500 توننىغا يېتىپ، %0.5 ئاشتى؛ قىزىلچا 3 مىليون 542 مىڭ 400 تونна بولۇپ، %31 ئازايدى؛ ياغلىق دان 604 مىڭ 600 توننىغا يېتىپ، %61.1 ئاشتى؛ قوغۇن - تاۋۇز 2 مىليون 799 مىڭ 100 توننىغا يېتىپ، %33.4 ئاشتى. بەرپا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى 882 مىڭ 800 مو بولۇپ، %2.2 ئاشتى، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %1.68 بولۇپ، 1998 - يىلدىكىسى بىلەن تەڭلەشتى.

چارۋىچىلىقتا ياخشى تەرەققىيات ۋەزىيىتى مەيدانغا كەلدى. يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا 43 مىليون 965 مىڭ 400 تۇياق بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن %4.1 كۆپەيدى؛ قولدىن چىقىرىلغان چارۋا 22 مىليون 238 مىڭ 900 تۇياققا يېتىپ، %0.1 ئاشتى؛ گۆش 813 مىڭ 600 توننىغا يېتىپ، %8.2؛ قوي يۇڭى 65 مىڭ توننىغا يېتىپ، %4.5؛ سۈت 648 مىڭ 100 توننىغا يېتىپ، %8.1؛ تۇخۇم 166 مىڭ 800 توننىغا يېتىپ، %25؛ سۇ مەھسۇلاتى 55 مىڭ 800 توننىغا يېتىپ، %4.6 ئاشتى.

يېزا - بازار كارخانىلىرى مۇقىم راۋاجلاندى. ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 679 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %12.7، مەھسۇلات قىممىتى 27 مىليارد 368 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %11.4، تىجارەت كىرىمى 27 مىليارد 420 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %11.7؛ تاپشۇرغان باج سوممىسى 935 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %13.5، پايدىسى 1 مىليارد 650 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %5.4 ئاشتى.

يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى يەنىمۇ ياخشىلاندى. يىل ئاخىرىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 8 مىليون 142 مىڭ 100 كىلوۋاتقا يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %5.7 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان سۇ چىقىرىش - سۇغىرىش ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى 776 مىڭ 400 كىلوۋات بولۇپ، %10.3 ئاشتى؛ چوڭ، ئوتتۇرا تراكتور 61 مىڭ 500 بولۇپ، %8.1، كىچىك تراكتور ۋە قول تراكتورى 248 مىڭ 200 بولۇپ، %6.5 كۆپەيدى؛ يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان يۈك ئاپتوموبىلى 11 مىڭ 400 بولۇپ، %1.7 ئازايدى؛ ئىشلىتىلگەن خىمىيىۋى ئوغۇت (ساپ ئوغۇت ھېسابىدا) 783 مىڭ 300 تونна بولۇپ، %8.5 ئازايدى؛ يېزىلاردا ئىشلىتىلگەن توك 2 مىليارد 344 مىليون كىلوۋات سائەت بولۇپ، %4.2 كۆپەيدى. ئېتىز - ئېرىق قۇرۇلۇشى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىلدى، يىل ئاخىرىدا ئۈنۈملۈك سۇغىرىلىدىغان يەر كۆلىمى 45 مىليون 981 مىڭ موغا يېتىپ، %2.7 كۆپەيدى.

## 3. سانائەت ۋە بىناكارلىق

سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىدا ئېشىش ۋەزىيىتى ساقلاپ قېلىندى. پۈتكۈل سىستېما بويىچە سانائەت قوشۇلما قىممىتى 31 مىليارد 800 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %6.5 ئاشتى، ئېشىش ھەجمى 1998 - يىلدىكىدىن 3.3 پىرسەنت پوئىنتى تېز بولدى.

ئىگىلىك تىپلىرى بويىچە قارىغاندا، دۆلەت سانائىتىنىڭ ۋە يېيى دۆلەت تەرىپىدىن كونترول قىلىنىدىغان سانائەت ئورۇنلىرىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 25 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %6.2؛ كوللېكتىپ سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 450 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %3.8؛ باشقا سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 7 مىليارد 230 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %8.6 ئاشتى. چوڭ، ئوتتۇرا سانائەت كارخانىلىرىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 20 مىليارد 40 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %6.5 ئاشتى.

يېنىك، ئېغىر سانائەت ئايرىمىسى بويىچە قارىغاندا، يېنىك سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 6 مىليارد 100 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %9؛ ئېغىر سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 25 مىليارد 700 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %5.9 ئاشتى.

مەھسۇلات بويىچە قارىغاندا، خەلقئارا بازاردا نېفىت باھاسى ئۆرلەپ كەتكەنلىكى، پاختا باھاسى تۆۋەنلىگەنلىكى ۋە پاختا توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىشى ياخشى بولغانلىقى ئۈچۈن، نېفىت سانائىتى سالماق قەدەم بىلەن يۈكسەلدى، پاختا توقۇمىچىلىقىدا خېلى ياخشى ئېشىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. نېفىت 17 مىليون 396 مىڭ 500 توننىغا يېتىپ، %6.8، يىپ 294 مىڭ 400 توننىغا يېتىپ، %33.6، رەخت 274 مىليون مېتىرغا يېتىپ، %2.7 ئاشتى. بىر قىسىم ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىمۇ مۆتىدىل مىقداردا ئاشتى، ئۇلاردىن تۆمۈر %7.3، پىششىقلانغان نېفىت %0.6، ترانسفورماتور %50.1، سېمونت %10.6، پولات ماتېرىياللىرى %1، خىمىيەۋى ئوغۇت %31.7، كونسېرۋا %26، سۇلفات كىسلاتاسى %5.1 ئاشتى. لېكىن سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ بىر قىسمىدىن كۆپرەكىنىڭ مىقدارى 1998 - يىلدىكىدىن ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يىپەك %12.1، شېكەر %1.7 تۆۋەنلەپ كەتتى، ئىچىملىك - ھاراق %0.6 ئاشتى. كۆمۈر %5.1، پولات %1.9، سۇلياۋ ياسالمىلىرى %17.2، بالون تاش كامىرى %8.7، كىچىك تراكتور %10.4، ئورۇش - يىغىش ماشىنىسى %16.2 تۆۋەنلەپ كەتتى.

ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىشنى جىپسىلاشتۇرۇش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، 1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندا سانائەت ماللىرىنىڭ سېتىلىش ئەھۋالى سەل - پەل ياخشىلاندى، ئاساسىي جەھەتتىن ئايمۇ ئاي ئۆرلەش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. سانائەت ماللىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %97.7 بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 0.5 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېغىر سانائەت ماللىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %98.5 بولۇپ، 1998 - يىلدىكىسى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن تەڭلەشتى؛ يېنىك سانائەت ماللىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %95.1 بولۇپ، 1.9 پىرسەنت پوئىنتى ئۆستى.

ئىقتىسادىي ئۈنۈم پەيدىنپەي ئاشتى، زىيان تارتىش ئەھۋالىدا بىر ئاز ئۆزگىرىش بولدى. بۇنىڭ ئاساسىي ئىپادىسى مۇنداق: (1) سانائەتنىڭ ئومۇمىي ئىقتىسادىي ئۈنۈم سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ئۆستى. سانائەت ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ ئۇنىۋېرسال كۆرسەتكۈچى %78.31كە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 8.65 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىدى. تەكشۈرۈلگەن 7 تۈرلۈك ئىقتىسادىي ئۈنۈم كۆرسەتكۈچىنىڭ ھەممىسى 1998 - يىلدىكىدىن ياخشى بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي خادىم بويىچە ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 24 مىڭ 559 يۈەن / ئادەم بولۇپ، %18.9 ئاشتى؛ مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %97.7 بولۇپ، 0.6 پىرسەنت پوئىنتى؛ ئومۇمىي مۈلۈكنىڭ تۆھپە نىسبىتى %6.2 بولۇپ، 0.04 پىرسەنت پوئىنتى؛ مۈلۈك قىممىتىنىڭ ساقلاپ قېلىنىش - ئېشىش نىسبىتى %122.66 بولۇپ، 5.43 پىرسەنت پوئىنتى ئۆستى، مۈلۈكنىڭ قەرز نىسبىتى %63.92 بولۇپ، 4.49 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى؛ تۇراقسىز مەبلەغنىڭ ئوبوروت نىسبىتى يىلىغا 1.13 قېتىم بولۇپ، يىلىغا 0.02 قېتىم تېزلەشتى؛ تەننەرخ خىراجىتىنىڭ پايدا نىسبىتى %0.09 بولۇپ، 1.14 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىدى. (2) كارخانىلارنىڭ زىيان تارتىش ئەھۋالىدا سەل - پەل ئۆزگىرىش بولدى، ئەمما زىيان تارتىش دائىرىسى يەنىلا كەڭ بولدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ستاتىستىكا قىلىنغان 1625 سانائەت كارخانىسى ئىچىدە 693ى زىيان تارتتى، ئۇلارنىڭ زىيان تارتىش نىسبىتى %42.6 بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 0.9 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىدى؛ پايدا ئالغان كارخانىلارنىڭ پايدا سوممىسى %66.1 ئۆرلىدى، زىيان تارتقان كارخانىلارنىڭ زىيان سوممىسى %21.4 كۆپەيدى، پايدا بىلەن زىياننى چىقىشتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، ساپ زىيان 55 مىليون يۈەن بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت كارخانىلىرى ۋە پېيىنى دۆلەت كونترول قىلىدىغان كارخانىلارنىڭ ساپ زىيان سوممىسى 89 مىليون يۈەن بولۇپ، %89.7 ئازايدى. چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلار زىياننى تۈگىتىپ پايدا ئالىدىغان بولدى، ئۇلار مۇشۇ بىر يىلدا 597 مىليون يۈەن پايدا ئالدى (1998 - يىلى 205 مىليون يۈەن زىيان تارتقان)، لېكىن 180 چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىدىن 89ى يەنىلا زىيان تارتتى، ئۇلارنىڭ زىيان تارتىش نىسبىتى %49.4 بولۇپ، بىر پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىدى. (3) مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىشى پەيدىنپەي ياخشىلاندى، 2 تۈرلۈك مەبلەغنىڭ ئىگىلىنىپ كېتىش نىسبىتى ئۈزلۈكسىز تۆۋەنلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە سانائەت ماللىرىنىڭ سېتىلىش كىرىمى 61 مىليارد 252 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %6.1 ئاشتى؛ يىل ئاخىرىدا تەييار مەھسۇلاتلار ئىگىلىگەن مەبلەغ 7 مىليارد 557 مىليون يۈەن بولۇپ، %0.3 ئۆرلىدى؛ ھېسابتىكى ئېلىشقا تېگىشلىك ساپ سومما 12 مىليارد 46 مىليون يۈەن بولۇپ، %10.5 ئازايدى؛ بۇ ئىككىسىنى قوشقاندا جەمئىي 19 مىليارد 603 مىليون يۈەن بولۇپ، تۇراقسىز مەبلەغنىڭ ئوتتۇرىچە قالدۇقىنىڭ %38.1نى ئىگىلەپ، 3.7 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 3 مىليارد 237 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %9.2 ئاشتى. بىناكارلىق كارخانىلىرى قىلمۇاتقان قۇرۇلۇش 11 مىڭ 938، بۇنىڭ ئىچىدە خېرىدار

بولۇپ ھۆددىگە ئېلىنغىنى 6157 بولۇپ، ھۆددىگە ئېلىنىش نىسبىتى %51.6 كە يەتتى. قۇرۇلۇش سۈپىتىنىڭ ئەلالىق نىسبىتى %27.6 بولدى. بىناكارلىق كارخانىلىرى سېلىۋاتقان ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 18 مىليون 430 مىڭ 500 كۋادرات مېتىر بولۇپ، %10.9؛ پۈتكەن ئۆي كۆلىمى 10 مىليون 425 مىڭ 100 كۋادرات مېتىر بولۇپ، %18.5 ئاشتى. باج 648 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %72.3 ئاشتى؛ 134 مىليون يۈەن پايدا ئېلىندى.

## 4. تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش

تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنىدىغان مەبلەغنىڭ كۆپىيىشى ئاستا بولدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 53 مىليارد 465 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %2.9 ئاشتى، ئېشىش ھەجمى 12.3 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلەپ كەتتى. تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىشنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى مۇنداق بولدى: (1) تەۋەلىك مۇناسىۋىتى بويىچە قارىغاندا، يەرلىك تۈرلەرگە سېلىنغان مەبلەغ مۇقىم ئاشتى، مەركەزگە تەۋە تۈرلەرگە سېلىنغان مەبلەغ ئازىيىپ كەتتى. يەرلىك تۈرلەرگە سېلىنغان مەبلەغ 27 مىليارد 76 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %8.6 ئاشتى؛ مەركەزگە تەۋە تۈرلەرگە سېلىنغان مەبلەغ 26 مىليارد 389 مىليون يۈەن بولۇپ، %2.5 ئازىيىپ كەتتى. (2) مەبلەغ سېلىش يوللىرى بويىچە قارىغاندا، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغنىڭ ئېشىشى ئادەتتىكىچە بولدى. يېڭىلاش - ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ زور ھەجىمدە تۆۋەنلەپ كەتتى، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغان مەبلەغ تېز ئاشتى. ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 33 مىليارد 274 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %0.2 ئاشتى؛ يېڭىلاش - ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ 6 مىليارد 109 مىليون يۈەن بولۇپ، %19.7 ئازىيىپ كەتتى؛ ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغان مەبلەغ 2 مىليارد 345 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %57.8 ئاشتى. (3) ئىگىلىك تىپلىرى بويىچە قارىغاندا، دۆلەت ئىقتىسادىي ئورۇنلىرى سالغان مەبلەغ 41 مىليارد 810 مىليون يۈەن بولۇپ، %1.1 ئازايدى؛ كوللېكتىپ ئورۇنلار سالغان مەبلەغ 1 مىليارد 507 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %10.5 ئاشتى؛ شەھەر - يېزىلاردا شەخسلەر سالغان مەبلەغ 4 مىليارد 157 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %0.9 ئاشتى؛ باشقا ئىگىلىكتىكىلەر سالغان مەبلەغ 5 مىليارد 272 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %42.9 ئاشتى. (4) ئۈچ خىل كەسىپ قۇرۇلمىسى بويىچە قارىغاندا، 1 -، 2 - كەسىپلەرگە سېلىنغان مەبلەغ تېز ئاشتى، 3 - كەسىپكە سېلىنغان مەبلەغ سەل - پەل ئازىيىپ كەتتى. 1 - كەسىپ (دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق) كە ئىشلىتىلگەن مەبلەغ 4 مىليارد 426 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %6.1 ئاشتى؛ 2 - كەسىپكە ئىشلىتىلگەن مەبلەغ 21 مىليارد 804 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %9.2 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە نېفىت سانائىتىگە سېلىنغىنى 12 مىليارد 580 مىليون يۈەن بولۇپ، %4 ئازايدى؛ كۆمۈر سانائىتىگە سېلىنغىنى 132 مىليون يۈەن بولۇپ، %26.3 ئازايدى؛ ئېلېكتر، گاز ۋە سۇ جەھەتلەردىكى ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەشكە سېلىنغىنى 4 مىليارد 824 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %68.3 ئاشتى. 3 - كەسىپكە ئىشلىتىلگەن مەبلەغ 27 مىليارد 235 مىليون يۈەن بولۇپ، %2.2 ئازايدى، بۇنىڭ ئىچىدە قاتناش - ترانسپورت، پوچتا - تېلېگراف ئىشلىرىغا سېلىنغىنى 7 مىليارد 269 مىليون يۈەن بولۇپ، %28.3 ئازايدى. (5) يېڭىدىن ئىش باشلىغان تۈرلەر ئازايدى، تۈرلەر كۆلىمى كېڭەيدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئىش باشلانغان ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە يېڭىلاش - ئۆزگەرتىش تۈرلىرىگە سېلىنغان مەبلەغ 178 مىليارد 731 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %5.9 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە مۇشۇ يىلى ئىش باشلىغان تۈر 3807 بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 410 ى ئازايدى، ھەربىر تۈرگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن سېلىنغان مەبلەغ 1998 - يىلدىكى 31 مىليون 770 مىڭ يۈەندىن 34 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە ئۆرلىدى.

نۇقتىلىق تۈرلەرنىڭ ئىلگىرىلىشى ئوڭۇشلۇق بولدى. ئاپتونوم رايوننىڭ پىلانىدا ئورۇنلاشتۇرۇلغان 25 نۇقتىلىق تۈرگە 19 مىليارد 830 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، يىللىق پىلاننىڭ %83.3 ى ئورۇندالدى. پىلاندا تولۇق مەبلەغ سېلىش ئورۇنلاشتۇرۇلغان 8 تۈر ئىچىدە ئۈرۈمچى شىدۇنزى سۇ زاۋۇتىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى، داۋانچىڭ شامال ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 3 - قارارلىق كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولىنىڭ كورلا — قەشقەر بۆلىكىدە پويىز قاتنىشى ئوڭۇشلۇق ئىشقا ئاشۇرۇلدى، ئۈرۈمچى 2 - ئۇزۇن يوللۇق تېلېگراف تۈگۈنى، ئۈرۈمچى تۇرۇبىلىق تەبىئىي گاز قۇرۇلۇشى، شىنجاڭ زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتى، زاپاس پاختا ئىسكىلاتى پۈتتى ياكى ئاساسىي جەھەتتىن پۈتتى. پىلاندا ئورۇنلاشتۇرۇلغان 8 يەككە تۈر ۋە قىسمەن ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن تۈرلەردىن تارىم نېفىت تەكشۈرۈش - ئېچىش قۇرۇلۇشى ۋە خوتيەنچى 2 - ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسىدە پىلاندىكى نىشان ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش نەتىجىلىرى

كۆرۈنەرلىك بولدى، ئۇراقلىق مۇلۇككە مەبلەغ سېلىش ئارقىلىق يېڭىدىن ئاشقان ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى تۆۋەندىكىچە: نېفىت ئېلىش مىقدارى 2 مىليون 844 مىڭ 800 توننا، كۆمۈر قېزىش مىقدارى 1 مىليون 79 مىڭ توننا، گېنېراتور گۇرۇپپىسىنىڭ توك ھاسىل قىلىش ئىقتىدارى 269 مىڭ كىلوۋات، توك يوللاش لىنىيىسى (110 مىڭ ۋولتتىن يۇقىرى) 407.80 كىلومېتىر، توك بېسىمىنى ئۆزگەرتىش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ئىقتىدارى (110 مىڭ ۋولت ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى) 610 مىڭ كىلوۋولت - ئامپېر، بىرىكمە ئاممىياك 41مىڭ 200 توننا، سېمونت 593 مىڭ 100 توننا، تىجارەت قىلىشقا تاپشۇرۇپ بېرىلگەن تۆمۈريول مۇساپىسى 969.90 كىلومېتىر، يېڭىدىن ياسالغان تاشيول 369.44 كىلومېتىر، ئۆزگەرتىپ ياسالغان تاشيول 1271.14 كىلومېتىر، شەھەرلەرنىڭ كۈندىلىك تورۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى 154 مىڭ توننا، ئۈنۈملۈك سۇغىرىش كۆلىمى 3 مىليون 898 مىڭ 100 مو.

## 5. ترانسپورت، پوچتا - تېلېگراف

قاتناش - ترانسپورت ۋە پوچتا - تېلېگراف ئىشلىرىدا ئىسلاھات قەدىمى تېزلىتىلدى، ئۇل مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى، ئۇنىۋېرسال ترانسپورت ۋە خەۋەرلىشىش ئىقتىدارى يەنىمۇ ئاشۇرۇلدى، مۇلازىمەتلىق ۋاستىسى ۋە سۈپىتى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈلدى. ھەرخىل قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ يۈك ئوبوروت مىقدارى 60 مىليارد 294 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يېتىپ، %8.9 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈر يولنىڭ 30 مىليارد 360 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يېتىپ، %14.9، تاشيولنىڭ 27 مىليارد 46 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يېتىپ، %2.9، ئاۋىئاتسىيىنىڭ 88 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يېتىپ، %20.5، تورۇبا يولنىڭ 2 مىليارد 800 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يېتىپ، %8.1 ئاشتى. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 27 مىليارد 74 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا يېتىپ، %5.4 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈر يولنىڭ 8 مىليارد 190 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا يېتىپ، %6.5، تاشيولنىڭ 15 مىليارد 705 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يېتىپ، %5، ئاۋىئاتسىيىنىڭ 3 مىليارد 179 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا يېتىپ، %4.6 ئاشتى.

پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 3 مىليارد 470 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %38.5 ئاشتى. يېڭىدىن 285 مىڭ تېلېفون ئابونېنتى كۆپەيدى، يىل ئاخىرىدا تېلېفون ئابونېنتى 1 مىليون 475 مىڭغا يېتىپ، %23.9 كۆپەيدى. يانتېلېفون ئىشلىتىش كۆلىمى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى، سىمسىز چاقىرىش كەسپى تېز تەرەققىي قىلدى، كومپيۇتېر ئىنتېرنېت تورى قۇرۇلۇشىدا يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى. يىل ئاخىرىدا يانتېلېفون ئابونېنتى 326 مىڭغا يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 1.08 ھەسسە كۆپەيدى؛ سىمسىز چاقىرغۇ ئابونېنتى 610 مىڭغا يېتىپ، %42.5 كۆپەيدى.

## 6. ئىچكى سودا ۋە بازار باھاسى

1999 - يىلى دۆلەت ئىستېمالنى رىغبەتلەندۈرۈشكە ئالاقىدار سىياسەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ سىياسەتلەر ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا تۈرتكە بولۇشتا مۇئەييەن ئىجابىي رول ئوينىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 34 مىليارد 740 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %6.1 ئاشتى، باھا ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە ئەمەلىيەتتە %10.3 ئاشتى.

شەھەر - يېزا ئايرىمىسىدىن قارىغاندا، شەھەرلەردىكى ئىستېمال بازىرى سەل - پەل ياخشىلاندى، يېزىلاردىكى ئىستېمال بازىرى يەنىلا سۇس بولدى. شەھەرلەردە ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 21 مىليارد 396 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %8.1 ئاشتى، بۇنىڭ پۈتكۈل بازاردا ئىگىلىگەن نىسبىتى %61.6 بولدى؛ يېزىلاردا ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 13 مىليارد 344 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %2.9 ئاشتى، بۇنىڭ پۈتكۈل بازاردا ئىگىلىگەن نىسبىتى %38.4 بولدى.

كەسىپ ئايرىمىسىدىن قارىغاندا، توپ - پارچە سېتىش كەسپىدىكى پارچە سېتىش سوممىسى %7.6، يېمەك - ئىچمەك كەسپىدىكى پارچە سېتىش سوممىسى %17.6 ئاشتى، ياساش كەسپىنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى %5.6 ئازىيىپ كەتتى.

ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بازىرىدا تەمىنلەش ئېھتىياجدىن ئېشىپ كېتىش ھالىتى ئۆزگەرمىدى. ماددىي ئەشيا ئوبوروتى كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى سېتىۋېلىش سوممىسى 1 مىليارد 620 مىليون يۈەن بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن %14.9؛ سېتىش سوممىسى 1 مىليارد 788 مىليون يۈەن بولۇپ، %19.5 ئازايدى.

بازار سودىسىدا تاۋار سودىسى جانلاندى. 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر - يېزىلاردىكى ھەرخىل تاۋار سودىسى بازىرى 1430 بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 59ى ئازايدى، پۈتۈشۈش سوممىسى 18 مىليارد 850 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %8.8 ئاشتى.

دۆلەت پارچە سېتىش كارخانىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى يەنىلا تۈپتىن ياخشىلانمىدى. توپ - پارچە سېتىش بىلەن

سوغۇللىنىدىغان نۇقتىلىق 30 سودا كارخانىسىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، مۇشۇ بىر يىلدا تاۋار سېتىش ساپ كىرىمى 1 مىليارد 445 مىليون يۈەن بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 7.6% ئازىيىپ كەتتى؛ تاۋار تىجارىتىنىڭ سەرپىيات نىسبىتى 5.7% بولۇپ، 1.2 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى؛ زىيان سوممىسى 86 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 4.4% كۆپەيدى؛ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان سېتىش سوممىسى 19% ئاشتى.

بازارلاردىكى مال باھاسى داۋاملىق تۆۋەنلەپ باردى. 1999 - يىلى تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى 1998 - يىلدىكىدىن 3.8%، ئاھالىلەر ئىستېمال باھاسى 2.6% تۆۋەنلىدى، باھا سەۋىيىسى ئۇدا 14 ئاي تۆۋەنلەپ، يېقىنقى 20 يىلدىن بۇيانقى ئەڭ تۆۋەن سەۋىيىگە چۈشتى. باھانىڭ تۆۋەن بولۇشىغا ئاساسەن يېمەكلىك باھاسىنىڭ كۆپلەپ چۈشۈپ كەتكەنلىكى سەۋەب بولدى. 1999 - يىلى يېمەكلىكلەرنىڭ ئىستېمال باھاسى 1998 - يىلدىكىدىن 6.8% چۈشۈپ كەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىقنىڭ 5.5%، ياغنىڭ 3.6%، گۆش قۇشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ گۆشىدىن ئىشلەنگەن يېمەكلىكلەرنىڭ 10.2%، تۇخۇمنىڭ 13.9%، سۇ مەھسۇلاتلىرىنىڭ 13.4%، يېڭى كۆكتاتنىڭ 10% چۈشۈپ كەتتى. 13 خىل سانائەت ئىستېمال بۇيۇمى ئىچىدە كىيىم بۇيۇملىرى، كىتاب، گېزىت - ژورناللارنىڭ باھاسى ئۆستى؛ جۇڭگوچە - غەربچە دورىلار ۋە يېقىلغۇنىڭ باھاسى 1998 - يىلدىكىگە تەڭلەشتى؛ قالغانلىرىنىڭ باھاسى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە تۆۋەنلىدى. مۇلازىمىلىق تۈرلىرىنىڭ باھاسى داۋاملىق ئۆرلىدى، ئۆرلەش نىسبىتى 10.1% بولدى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى باھاسى 3% چۈشۈپ كەتتى.

سانائەت ماللىرىنىڭ زاۋۇت باھاسى تۆۋەنلەشتىن توختاپ مۇقىملىشىشقا باشلىدى، لېكىن يېنىك، ئېغىر سانائەت ماللىرىنىڭ باھاسى ئوخشاش بولمىدى. سانائەت ماللىرىنىڭ زاۋۇت باھاسى 0.2% ئۆرلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېغىر سانائەتنىڭ 3.2% ئۆرلىدى، يېنىك سانائەتنىڭ 7.3% چۈشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش جەھەتتىكى ئومۇمىي باھا سەۋىيىسى 1998 - يىلدىكىدىن 1% تۆۋەنلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە بىناكارلىق - قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇشلىرىنىڭ باھاسى 0.1%، ئۈسكۈنە - قۇرۇلۇش سايمانلىرىنىڭ باھاسى 2.4% تۆۋەنلىدى.

## 7. تاشقى ئىقتىساد

تاشقى ئىقتىساد خېلى تېز ئاشتى، بولۇپمۇ ئاز مىقدارلىق چېگرا سودىسى ئاپتونوم رايون تاشقى سودىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالدى. ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 1 مىليارد 765 مىليون دوللارغا يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 15.7% ئاشتى. ئېكسپورت سوممىسى 1 مىليارد 27 مىليون دوللارغا يېتىپ، 37.4% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى سودا ئېكسپورت سوممىسى 371 مىليون دوللارغا يېتىپ، 4.6%، پىششىقلاپ ئىشلەش سودىسى ئېكسپورت سوممىسى 77 مىليون دوللارغا يېتىپ، 44.3%، ئاز مىقدارلىق چېگرا سودىسى ئېكسپورت سوممىسى 573 مىليون دوللارغا يېتىپ، 74.2% ئاشتى. ئىمپورت سوممىسى 738 مىليون دوللار بولۇپ، 5.1% ئازايدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى سودا ئىمپورت سوممىسى 257 مىليون دوللارغا يېتىپ، 14.1% ئاشتى، پىششىقلاپ ئىشلەش سودا ئىمپورت سوممىسى 24 مىليون دوللار بولۇپ، 20.4% ئازايدى. ئاز مىقدارلىق چېگرا سودىسى ئىمپورت سوممىسى 450 مىليون دوللارغا يېتىپ، 54.2% ئاشتى.

چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش مىقدارى ئۈزلۈكسىز ئازايدى، لېكىن چەت ئەللىك سودىگەرلەر بىۋاسىتە سالغان مەبلەغ سەل - پەل ئاشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە كېلىشىمدىكى چەت ئەل مەبلىغى 216 مىليون دوللار بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن 56.9% ئازىيىپ كەتتى؛ ئەمەلىي پايدىلىنىلغان چەت ئەل مەبلىغى 140 مىليون دوللار بولۇپ، 13.6% ئازايدى، بۇنىڭ ئىچىدە چەت ئەللىك سودىگەرلەر بىۋاسىتە سالغان مەبلەغ 24 مىليون دوللارغا يېتىپ، 11.6% ئاشتى.

تاشقى قۇرۇلۇش ھۆددىگەرلىك سوممىسى ۋە ئەمگەك مۇلازىمىلىقى - ھەمكارلىق سوممىسى تېز ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا ئىمزالانغان توختام سوممىسى 6 مىليون 750 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 6.3 ھەسسە ئاشتى؛ تىجارەت سوممىسى 8 مىليون 150 مىليون دوللارغا يېتىپ، 2 ھەسسە ئاشتى.

ساياھەتچىلىك ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندى. كۈتۈۋېلىنغان چەت ئەللىك ساياھەتچى 223 مىڭ 800 ئادەم (قېتىم) غا يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 8.3% كۆپەيدى؛ ساياھەتچىلىكتىن قىلىنغان تاشقى پېرېۋوت كىرىمى 85 مىليون 820 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 4.1% ئاشتى.

## 8. مالىيە، پۇل مۇئامىلە ۋە سۇغۇرتا ئىشلىرى

مالىيە كىرىمىدە ئېشىش ۋەزىيىتى ساقلاپ قېلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 7 مىليارد 444 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 11.8%، يەرلىك مالىيە چىقىمى 16 مىليارد 911 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 14.7% كۆپەيدى.

پۇل مۇئامىلىنىڭ ئايلىنىشى ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىم

بولدى. يىل ئاخىرىدا پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 154 مىليارد 872 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 20 مىليارد 233 مىليون يۈەن كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە كارخانا ئامانىتى 54 مىليارد 422 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 8 مىليارد 283 مىليون يۈەن؛ شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى ئامانىتى 82 مىليارد 468 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 6 مىليارد 548 مىليون يۈەن كۆپەيدى. يىل ئاخىرىدا پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى تارقاتقان تۈرلۈك قەرز پۇل 138 مىليارد 678 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 6 مىليارد 833 مىليون يۈەن كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە قىسقا مۇددەتلىك قەرز پۇل 96 مىليارد 117 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 12 مىليون يۈەن؛ ئوتتۇرا مۇددەتلىك تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلى 6 مىليارد 7 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2 مىليارد 810 مىليون يۈەن؛ ئوتتۇرا - ئۇزۇن مۇددەتلىك قەرز پۇل 31 مىليارد 333 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 3 مىليارد 553 مىليون يۈەن كۆپەيدى.

سۇغۇرتا ئىشلىرى تېز راۋاجلاندى. ئاپتونوم رايون بويىچە سۇغۇرتا كىرىمى 2 مىليارد 459 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %5.6 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتا كىرىمى 1 مىليارد 126 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %4.5؛ ئۆمۈر سۇغۇرتىسى كىرىمى 1 مىليارد 333 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %6.5 ئاشتى. تۆلەم سوممىسى 894 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %2.7 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى تۆلەم پۇلى 657 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %8.5 ئاشتى؛ ئۆمۈر سۇغۇرتىسى تۆلەم پۇلى 237 مىليون يۈەن بولۇپ، %10.6 ئازايدى.

## 9. پەن - تېخنىكا ۋە مائارىپ

پەن - تېخنىكا قوشۇنى ئۈزلۈكسىز زورايدى، راسخوت سىيلىنمىسى كۆپەيدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ناھىيە دەرىجىلىك ۋە ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى دۆلەت مۇستەقىل تەتقىقات ئاپپاراتى 130، ئالىي مەكتەپلەر قۇرغان پەن تەتقىقات ئاپپاراتى 4، چوڭ، ئوتتۇرا سانائەت كارخانىلار قۇرغان تېخنىكا ئېچىش ئاپپاراتى 57؛ پەن - تېخنىكا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىم 34 مىڭ 600. بۇنىڭ ئىچىدە ئالىم ۋە ئىنژېنېر 27 مىڭ 700. پەن - تېخنىكا پائالىيىتىگە سەرپ قىلىنغان خىراجەت 710 مىليون يۈەن بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن %3.5 كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە تەتقىقات ۋە تەرەققىيات خىراجىتى 180 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %2.3 ئاشتى.

پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرى ئۈزلۈكسىز مەيدانغا كەلدى، تېخنىكا بازىرى كۈنسايىن جانلاندى. ئاپتونوم رايون بويىچە تىزىمغا ئېلىنغان چوڭ - چوڭ پەن - تېخنىكا نەتىجىسى 215، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 5. 1999 - يىلى 881 تۈرلۈك پاتېنت ئىلتىماسى قوبۇل قىلىندى، 859 تۈرگە پاتېنت هوقۇقى بېرىلدى. 485 تۈرلۈك تېخنىكا توختامى ئىمزالاندى، توختام سوممىسى 428 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %39.9 ئاشتى.

«مەشئەل»، «ئۇچقۇن»، «شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش» پىلانلىرىدىكى نۇقتىلىق تۈرلەر ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلدى. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكتىن يۇقىرى «ئۇچقۇن» پىلانى بويىچە 33 تۈر يولغا قويۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىك تۈر 11 بولۇپ، بۇنىڭغا 1 مىليارد 38 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلاندى. 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش پىلانى 17 تۈركۈم ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئىلگىرىكى يىلدىن ئۆتكۈزۈۋېلىنغان ۋە يېڭىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان تۈر 216 بولۇپ، بۇلارغا جەمئىي 48 مىليون 850 مىڭ يۈەن راسخوت ئورۇنلاشتۇرۇلدى. مۇشۇ بىر يىلدا يېڭىدىن «مەشئەل» پىلانىدىن 20 سى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، دۆلەت دەرىجىلىك «مەشئەل» پىلانىدىن 8ى ئىلتىماس قىلىندى. ئاپتونوم رايون بويىچە 150 يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كارخانا، ئازكەم 700 خەلق باشقۇرۇشىدىكى پەن - تېخنىكا كارخانىسى ئېتىراپ قىلىندى.

گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خىزمىتىدە يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. بۇ يىل 38 گاز، نېفىت قۇدۇقى قېزىلدى. ئۇلاردىن 18ى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، 3 تەكشۈرۈش قۇدۇقى قېزىلدى. يەنىمۇ قېزىش قىممىتىگە ئىگە 17 كان بايقالدى، بۇنىڭ ئىچىدە مىس كېنى 2، سۈرمە كېنى بىر، مانگان كېنى بىر، ئالتۇن كېنى 8، ناترىيلىق كالىي سېلىترا كېنى بىر، سېمونت ئىشلەشكە ئىشلىتىلىدىغان هاك تېشى كېنى بىر، گىپىس كېنى بىر، يەر ئاستى سۇ مەنبەسى 2. يېڭىدىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان كان مەھسۇلاتى: كۆمۈر 4 مىليون 460 مىڭ توننا، قوغۇشۇن 25 مىڭ 100 توننا، ئالتۇن 3212 كىلوگرام، ساپال سىلانىتىسى 1 مىليون 660 مىڭ توننا، يىلىغا ئېچىشقا بولىدىغان يەر ئاستى سۈيى 139 مىليون كۇب مېتىر.

مائارىپ ئىشلىرى داۋاملىق راۋاجلاندى. ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەر ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئورۇنلىرى قوبۇل قىلغان ئاسپىرانت 386 گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %39.8 كۆپەيدى؛ ئوقۇۋاتقان ئاسپىرانت 901 گە يېتىپ، %20.6 كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي ئاسپىرانت 84 بولۇپ، %9.3 نى ئىگىلەيدۇ. ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تولۇق، مەخسۇس كۇرسلىرىغا قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى 19 مىڭ

400 گە يېتىپ، %54.2؛ ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 54 مىڭ 100 گە يېتىپ، %15.7 كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي ئوقۇغۇچى 23 مىڭ 200 بولۇپ، %42.9نى ئىگىلەيدۇ، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىسى 93 مىڭ 400 گە يېتىپ، %13.6 كۆپەيدى؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 49 مىڭ 900 بولۇپ، %3.1 ئازايدى؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 189 مىڭغا يېتىپ، %3.2 كۆپەيدى.

ئاساس مائارىپى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى. مەجبۇرىيەت مائارىپىنىڭ ئومۇملىشىش دەرىجىسى ئاز - تولا ئۆستى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 873 مىڭ 300 گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %12.6؛ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 2 مىليون 507 مىڭ 400 گە يېتىپ، %0.2 كۆپەيدى. ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى %97.09 بولۇپ، 0.59 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلەپ كەتتى؛ باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقىش نىسبىتى %94.26كە يېتىپ، 0.8 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىدى؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقىش نىسبىتى %30.34 بولۇپ، 3.58 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلەپ كەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە 9 يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان ناھىيە (شەھەر، رايون) 55 كە يېتىپ، 12 سى كۆپەيدى.

تۈرلۈك چوڭلار مائارىپى يەنىمۇ راۋاجلاندى. ئاپتونوم رايون بويىچە چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ تولۇق، مەخسۇس كۇرسلىرىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 67 مىڭ 600 گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %30.3 كۆپەيدى؛ چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكومى ئوقۇغۇچىسى 33 مىڭ 200 بولۇپ، %39.4؛ چوڭلار كەسپىي تېخنىكا مەكتەپلىرىدىكى ئوقۇغۇچى 1 مىليون 135 مىڭ 200 بولۇپ، %16.4؛ چوڭلار ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدىكى ئوقۇغۇچى 139 مىڭ 600 بولۇپ، %23.1 ئازايدى. ياش، ئوتتۇرا ياش ساۋاتسىزلاردىن 52 مىڭ 200 ى ساۋات چىقاردى.

## 10. مەدەنىيەت، سەھىيە ۋە تەنتەربىيە

مەدەنىيەت ئىشلىرى ساغلام راۋاجلاندى. ئاپتونوم رايون بويىچە يىل ئاخىرىدىكى سەنئەت ئۆمىكى 88، مەدەنىيەت يۇرتى 90، ئاممىۋى كۇتۇپخانا 74، مۇزېي 23، ئارخىپخانا 128، رادىئو ئىستانسىسى 6 (يېڭى ئۆلچەم)، ئوتتۇرا - قىسقا دولقۇنلۇق رادىئو ئىستانسىسى ۋە ئۇلاپ ئاڭلىتىش ئىستانسىسى 38، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى 18 (يېڭى ئۆلچەم) قۇۋۋەتتى بىر كىلوۋاتلىقتىن يۇقىرى تېلېۋىزىيە تارقىتىش ۋە ئۇلاپ كۆرسىتىش ئىستانسىسى 59. ئاپتونوم رايون بويىچە رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %87.39كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %89.48كە يەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە ھەرخىل كىنو قويۇش ئورنى 135كە يەتتى، بۇ يىل 8 ھېكايە فىلىم ئىشلەندى، 570 قىسىم كىنو - تېلېۋىزىيە فىلىمى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىغا تەرجىمە قىلىندى، 134 يېڭى فىلىم تارقىتىلدى. 195 مىليون نۇسخا ھەرخىل گېزىت، 11 مىليون نۇسخا ھەرخىل ژۇرنال، 66 مىليون دانە كىتاب نەشر قىلىندى.

داۋالاش - سەھىيە شارائىتى داۋاملىق ياخشىلاندى. ئاپتونوم رايون بويىچە سەھىيە ئاپپاراتى 6608گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا ۋە شىپاخانا 1357، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى 213، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى 72. كارىۋات 71 مىڭ 400، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 97 مىڭ 500. بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 44 مىڭ، سېستىرا ۋە ياردەمچى سېستىرا 30 مىڭ 100. سەھىيە تېخنىكا خادىمى ئىچىدە مىللىي 33 مىڭ 200 بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ %34.1نى ئىگىلىدى.

تەنتەربىيە ئىشلىرى مۇقىم راۋاجلاندى. ئاپتونوم رايونىنىڭ تەنھەرىكەت ئەزىمەتلىرى خەلقئارا مۇسابىقىلەردە 3 تۈردە دۇنيا چېمپىيونلۇقىغا ئېرىشتى، مەملىكەتلىك مۇسابىقىلەردە 4 ئالتۇن مېدال، 10 كۈمۈش مېدال، 7 مىس مېدال ئالدى، مەملىكەتلىك 6 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە 6 تۈردە 1 -، 5 تۈردە 2 -، 5 تۈردە 3 - بولدى. ئاممىۋى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى، ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش پىلانى جايلاردا ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە «دۆلەتلىك تەنتەربىيەدە چېنىقىش ئۆلچىمى» گە يەتكەن ئوقۇغۇچى 1 مىليون 455 مىڭغا يەتتى.

## 11. نوپۇس ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش

ئاپتونوم رايونىنىڭ نوپۇس ئۆزگىرىشىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈش ماتېرىيالىغا ئاساسەن ھېسابلاپ كۆرۈلۈشىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰18.76، ئۆلۈش نىسبىتى ‰6.96، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰11.8 بولغان. يىل ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونىنىڭ نوپۇسى 17 مىليون 750 مىڭغا يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 270 مىڭ يەنى %1.6 كۆپەيگەن. بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - بازار نوپۇسى 9 مىليون 290 مىڭغا يېتىپ، 535 مىڭ 800ى يەنى %6.1 كۆپەيگەن؛ يېزا نوپۇسى 8 مىليون 460 مىڭ بولۇپ، 259 مىڭ 300 ى يەنى %3 ئازايغان. ئاپتونوم رايون بويىچە 0 ~ 14 ياشقىچە بولغان نوپۇس 4 مىليون 810 مىڭ

بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %27.1نى؛ 15 ~ 59 ياشقىچە بولغان نوپۇس 11 مىليون 520 مىڭ بولۇپ، %64.9نى؛ 60 ياشتىن يۇقىرى نوپۇس 1 مىليون 420 مىڭ بولۇپ، %8نى ئىگىلىگەن. ئاپتونوم رايون بويىچە ئائىلە 4 مىليون 680 مىڭ بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەربىر ئائىلىگە 3.77 ئادەم توغرا كېلىدۇ.

يىل ئاخىرىدا ھەرخىل كەسىپ تونۇشتۇرۇش ئاپپاراتى 282 گە يەتتى، شەھەر - بازارلاردا 80 مىڭ كىشى ئىشقا ئورۇنلاشتى. يىل ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە خىزمەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچى 2 مىليون 709 مىڭ 300 بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن %4.4 ئازايدى؛ شەھەر - بازارلاردىكى خۇسۇسىي ۋە يەككە تىجارەت كەسىپكارلىرى 516 مىڭ 900گە يېتىپ، %8.6 كۆپەيدى. قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان 57 مىڭ ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم بېرىلدى، قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى %42كە يەتتى. يىل ئاخىرىدا تىزىمغا ئېلىنغان ئىشسىزلار 103 مىڭ بولۇپ، شەھەر - بازارلاردا ئىشسىزلىق نىسبىتى %3.67 بولدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە خىزمەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئومۇمىي مائاش سوممىسى 21 مىليارد 186 مىليون يۈەن بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن %1.1 ئازايدى؛ خىزمەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مائاشى 7611 يۈەنگە يېتىپ، %6.9 ئاشتى، باھا ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە ئەمەلىيەتتە %9.7 ئاشتى.

## 12. خەلق تۇرمۇشى ۋە مۇھىت ئاسراش

ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 5428.91 يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %5.8 ئاشتى، باھا ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە ئەمەلىيەتتە %8.3 ئاشتى؛ شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 4319.37 يۈەن بولۇپ، %12.2 ئاشتى، باھا ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە ئەمەلىيەتتە %14.9 ئاشتى. لېكىن ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان بىر قىسىم ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ تۇرمۇشى قىيىن بولۇش مەسىلىسى يەنىلا بىر قەدەر گەۋدىلىك بولدى.

ئاشلىق، پاختا، گۆش قاتارلىق ئاساسلىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى زور دەرىجىدە چۈشۈپ كەتكەچكە، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىگە خېلى چوڭ تەسىر يەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1473.17 يۈەن بولۇپ، 1998 - يىلدىكىدىن %7.9 ئازىيىپ كەتتى.

شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ تۇرالغۇ شارائىتى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى. يىل ئاخىرىدا شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ كۆلىمى 14.61 كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 0.16 كۋادرات مېتىر؛ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ كۆلىمى 16.90 كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، 0.70 كۋادرات مېتىر كېڭەيدى.

ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ۋە ئەمگەك سۇغۇرتىسى ئىشلىرى ساغلام راۋاجلاندى. يىل ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە ھەرخىل ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئورنى 66گە، ئۇ يەردىكى كارىۋات 4833 كە، بېقىلىۋاتقان كىشى 4382گە يەتتى. شەھەر - يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىدا يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 707 مىڭ ئادەم (قېتىم) ئىجتىمائىي كاپالەتلەندۈرۈش قۇتقۇزۇشىغا ئېرىشتى؛ ئاپتونوم رايون بويىچە %10 يېزا - بازاردا يېزا ئىجتىمائىي كاپالەتلەندۈرۈش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. شەھەر - بازارلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇلازىمەت ئورۇنلىرى خېلى زور تەرەققىياتلار بولدى، شەھەر - بازارلاردا 3600 ھەرخىل ئىجتىمائىي مۇلازىمەت مۇئەسسەسى قۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىجتىمائىي مۇلازىمەت مەركىزى 77.

مۇھىت ئاسراش ئىشلىرى يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشتى. يىل ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە مۇھىت ئاسراش سىستېمىسىدا ئىشلەيدىغانلار 1811 گە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %3 كۆپەيدى؛ ھەر دەرىجىلىك مۇھىت كۆزىتىش - ئۆلچەش پونكىتى 32گە، خادىمى 678 گە يەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدىن 21ى قۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىك مۇھاپىزەت رايونى 3، مۇھاپىزەت رايونلىرىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 104 مىڭ 600 كۋادرات كىلومېتىر. مۇھىتنى بۇلغايدىغان مەنبەلەرنى چەكلىك مۇددەتتە تۈزەش - تىزگىنلەش بويىچە 185 تۈر تاماملاندى، بۇنىڭغا 71 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئىس، چاڭ - توزاننى تىزگىنلەش رايونىدىن 101ى قۇرۇلدى، بۇنىڭ كۆلىمى 292.62 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ؛ مۇھىت شاۋقۇنى ئۆلچىمىگە يەتكەن رايون 84، كۆلىمى 211.86 كۋادرات كىلومېتىر.

ئىزاھات: ① ئاخباراتتىكى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى، ھەر قايسى كەسىپلەرنىڭ قوشۇلما قىممىتى ۋە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى كۆرسەتكۈچلىرىنىڭ مۇتلەق سانى ھازىرقى باھا بويىچە، ئېشىش نىسبىتى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ قوشۇلما قىممىتى، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى كۆرسەتكۈچلىرىنىڭ مۇتلەق سانى ۋە ئېشىش نىسبىتى ھازىرقى باھا بويىچە ھېسابلاندى.

② سانائەتنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈم كۆرسەتكۈچلىرىنى ستاتىستىكا قىلىشتا مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان دۆلەت سانائەت كارخانىلىرى ۋە سېتىش كىرىمى 5 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان غەيرىي دۆلەت كارخانىلىرى ئۆلچەم قىلىندى.

ئاپتونوم رايون بويىچە خەلق ئىگىلىكىنىڭ 1999 - يىللىق ئاساسلىق كۆرسەتكۈچى

| كۆرسەتكۈچ | 1999 - يىل |
|---|---|
| يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇس (تۈمەن نەپەر) | 1775 |
| كەسىپكارلار | 694.34 |
| ئىشچى - خىزمەتچى | 291.54 |
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 1168.55 |
| تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ (100 مىليون يۈەن) | |
| جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ | 534.65 |
| دۆلەت ئورۇنلىرى تۇراقلىق مۈلۈككە سالغان مەبلەغ | 418.10 |
| ئاساسىي قۇرۇلۇشقا | 317.80 |
| يېڭىلاش - ئۆزگەرتىشكە | 50.37 |
| تاۋار ئۆي ۋە باشقىلار | 49.93 |
| كوللېكتىپ ئورۇنلار تۇراقلىق مۈلۈككە سالغان مەبلەغ | 15.57 |
| شەھەر - بازار | 12.49 |
| يېزا | 3.08 |
| يەرلىك مالىيە كىرىم - چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى | 744404 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى | 1691147 |
| مەركەز بەرگەن قوشۇمچە ياردەم كىرىمى | 939967 |
| باھا ئومۇمىي كۆرسەتكۈچى (1998 - يىلدىكىسى 100 قىلىندى) | |
| يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش باھا كۆرسەتكۈچى | 80.3 |
| پارچە سېتىش باھاسىنىڭ ئومۇمىي كۆرسەتكۈچى | 96.2 |
| مائاش | |
| ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئومۇمىي مائاشى (100 مىليون يۈەن) | 211.86 |
| ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە مائاشى (يۈەن) | 7611 |
| يېزا ئىگىلىكى | |
| دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 461.15 |
| ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى (تۈمەن توننا) | |
| ئاشلىق | 838.78 |
| پاختا | 140.75 |
| ياغلىق دان | 60.46 |

| | |
|---|---|
| قىزىلچا | 354.24 |
| مېۋە | 136.42 |
| چوشقا، كالا، قوي گۆشى | 70.20 |
| سۇ مەھسۇلاتلىرى | 5.58 |
| سانائەت | |
| سانائەت مەھسۇلات قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 802.09 |
| ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرى | |
| يىپ (تۈمەن توننا) | 29.44 |
| رەخت (تۈمەن مېتىر) | 27449.69 |
| يۇڭ يىپ (توننا) | 1348.70 |
| يۇڭ توقۇلما (تۈمەن مېتىر) | 797.72 |
| فابرىكا قەغىزى ۋە قەغەز پەنەركە (تۈمەن توننا) | 18.01 |
| تۇز (تۈمەن توننا) | 36.14 |
| شېكەر (تۈمەن توننا) | 46.36 |
| خۇرۇم (تۈمەن كۋادرات مېتىر) | 47.28 |
| كۆمۈر (تۈمەن توننا) | 2778.15 |
| نېفىت (تۈمەن توننا) | 1739.65 |
| تارقىتىلغان توك (100 مىليون كىلوۋات سائەت) | 169.30 |
| پولات (تۈمەن توننا) | 105.60 |
| تەييار پولات ماتېرىيال (تۈمەن توننا) | 117.30 |
| سېمونت (تۈمەن توننا) | 805.83 |
| مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان دۆلەت سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئاساسلىق مالىيە كۆرسەتكۈچى (100 مىليون يۈەن) | |
| تۇراقلىق مۇلۇكنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ساپ قىممىتى | 686.19 |
| پايدا ۋە باج | 43.95 |
| ترانسپورت، پوچتا ـ تېلېگراف | |
| يۈك ئوبوروت مىقدارى (100 مىليون توننا ـ كىلومېتىر) | 602.94 |
| تۆمۈريول | 303.60 |
| تاشيول | 270.46 |
| تۇرۇبا | 28 |
| ئاۋىئاتسىيە (تۈمەن توننا ـ كىلومېتىر) | 8800 |
| يولۇچى ئوبوروت مىقدارى (100 مىليون ئادەم ـ كىلومېتىر) | 270.74 |
| تۆمۈريول | 81.90 |

| | |
|---|---|
| تاشيول | 157.05 |
| ئاۋىئاتسىيە | 31.79 |
| پوچتا - تېلېگرافنىڭ كەسپىي تىجارەت سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | 347000 |
| خەت - چەك (تۈمەن پارچە) | 3524 |
| تارقىتىلغان گېزىت - ژۇرنال (تۈمەن نۇسخا) | 595.60 |
| ئىچكى سودا | |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (100 مىليون يۈەن) | 347.40 |
| تاشقى سودا، تاشقى ئىقتىساد ۋە ساياھەتچىلىك | |
| تاموژنا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن دوللار) | 176534 |
| ئېكسپورت سوممىسى | 102743 |
| ئىمپورت سوممىسى | 73791 |
| پايدىلىنىلغان چەت ئەل مەبلىغى (تۈمەن دوللار) | |
| چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش بويىچە ئىمزالانغان كېلىشىملەردىكى سوممىسى | 21600 |
| ئەمەلىي پايدىلىنىلغان چەت ئەل مەبلىغى | 14022 |
| چەت ئەللىك سودىگەرلەر بىۋاستە سالغان مەبلەغ | 2419 |
| خەلقئارا ساياھەتچىلىك | |
| ساياھەتكە كىرگەن ئادەم | 223829 |
| ساياھەتچىلىكتىن قىلىنغان تاشقى پېرېۋوت كىرىمى (تۈمەن دوللار) | 8582 |
| مائارىپ، مەدەنىيەت | |
| مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى (تۈمەن نەپەر) | |
| ئالىي مەكتەپ | 5.50 |
| ئوتتۇرا تېخنىكوم | 9.34 |
| ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ | 106.24 |
| باشلانغۇچ مەكتەپ | 250.74 |
| نەشر بۇيۇملىرى | |
| كىتاب (تۈمەن نۇسخا) | 7425 |
| ژۇرنال (تۈمەن نۇسخا) | 1136 |
| گېزىت (تۈمەن نۇسخا) | 22490 |
| سەھىيە | |
| دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات (تۈمەن دانە) | 6.66 |
| سەھىيە تېخنىكا خادىمى (تۈمەن نەپەر) | 9.75 |
| دوختۇر (تۈمەن نەپەر) | 4.40 |

ئاپتونوم رايوننىڭ 1999 - يىللىق خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق نىسبەت مۇناسىۋىتى

| كۆرسەتكۈچ | 1998 - يىل |
|---|---|
| كەسىپكارلار ئىچىدە | |
| 1 - كەسىپ | 55.50 |
| 2 - كەسىپ | 15.10 |
| 3 - كەسىپ | 29.40 |
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ نىسبىتى | |
| 1 - كەسىپ | 23 |
| 2 - كەسىپ | 39.40 |
| 3 - كەسىپ | 37.60 |
| تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغنىڭ كېلىش مەنبەسى نىسبىتى | |
| دۆلەت خام چوت ئىچىدىكىسى | 9.73 |
| ئىچكى قەرز پۇل | 20.85 |
| ئىشلىتىلگەن چەت ئەل مەبلىغى | 1.78 |
| ئۆزى غەملىگىنى ۋە باشقىلار | 67.64 |
| دۆلەت ئورۇنلىرىنىڭ تۇراقلىق مۈلۈك مەبلىغى ئىچىدە | |
| ئېنېرگىيە سانائىتى | 39.10 |
| ترانسپورت، پوچتا - تېلېگراف كەسپى | 16.90 |
| دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتىنىڭ نىسبىتى | |
| دېھقانچىلىق | 73.93 |
| ئورمانچىلىق | 1.64 |
| چارۋىچىلىق | 23.69 |
| بېلىقچىلىق | 0.74 |
| سانائەت مەھسۇلات قىممىتىنىڭ نىسبىتى | |
| يېنىك سانائەت | 31.42 |
| ئېغىر سانائەت | 68.58 |
| سانائەت مەھسۇلات قىممىتى ئىچىدە | |
| خەلق ئىگىلىكى | 63.20 |
| كوللېكتىپ ئىگىلىك | 9.20 |
| شەھەر - يېزىلاردىكى يەككە ۋە باشقا ئىگىلىك | 27.60 |
| يۈك ئوبوروت مىقدارىنىڭ نىسبىتى | |
| تۆمۈريول | 50.35 |

| | |
|---|---|
| تاشيول | 44.86 |
| تۆرۈبا | 4.64 |
| ئاۋىئاتسىيە | 0.15 |
| يولۇچى ئوبوروت مىقدارىنىڭ نىسبىتى | |
| تۆمۈريول | 30.25 |
| تاشيول | 58.01 |
| ئاۋىئاتسىيە | 11.74 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى ئىچىدە | |
| خەلق ئىگىلىكى | 32.21 |
| كوللېكتىپ ئىگىلىك | 5.21 |
| يەككە، خۇسۇسىي ۋە باشقا ئىگىلىك | 62.58 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى | 6.4 |
| مائارىپ كەسپىي چىقىمىنىڭ مالىيە چىقىمىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى | 16.30 |
| تەتقىقات ۋە تەرەققىيات چىقىمىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى | 0.21 |

ئاپتونوم رايون بويىچە خەلق ئىگىلىكىنىڭ 1999 ـ يىلدىكى ئوتتۇرىچە ئاساسلىق كۆرسەتكۈچى

| كۆرسەتكۈچ | 1999 ـ يىل |
|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (ئادەم/يۈەن) | 6470 |
| سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى (ئادەم/يۈەن) | 7792 |
| سانائەت مەھسۇلات قىممىتى | 5174 |
| دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى | 2618 |
| تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ (ئادەم /يۈەن) | 3036 |
| دۆلەت ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ | 1804 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (ئادەم/يۈەن) | 422.67 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (ئادەم/يۈەن) | 960.24 |
| تېرىلغۇ يەر كۆلىمى (ئادەم/مو) | 2.86 |
| ئاشلىق (ئادەم/كىلوگرام) | 476.26 |
| پاختا (ئادەم/كىلوگرام) | 79.92 |
| ياغلىق دان (ئادەم/كىلوگرام) | 34.33 |
| قىزىلچا (ئادەم/كىلوگرام) | 201.14 |
| چوشقا، كالا، قوي گۆشى (ئادەم/كىلوگرام) | 39.86 |
| سۇ مەھسۇلاتلىرى (ئادەم/كىلوگرام) | 3.17 |

| | |
|---|---|
| مېۋە ـ چېۋە (ئادەم/كىلوگرام) | 77.46 |
| قونۇن ـ تاۋۇز (ئادەم/كىلوگرام) | 81.47 |
| رەخت (ئادەم/مېتىر) | 15.59 |
| فابرىكا قەنتى ۋە قەنت پەنركە (ئادەم/كىلوگرام) | 10.23 |
| يىپ (ئادەم/كىلوگرام) | 16.72 |
| كۆمۈر (ئادەم/كىلوگرام) | 1577.40 |
| نېفىت (ئادەم/كىلوگرام) | 987.78 |
| تارقىتىلغان توك (ئادەم/كىلوۋات سائەت) | 961.29 |
| سېمونت (ئادەم/ كىلوگرام) | 457.55 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (ئادەم/يۈەن) | 1972.55 |
| تاموژنا ئېكسپورت سوممىسى (ئادەم/دوللار) | 58.34 |
| ئالىي مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچى (تۈمەن ئادەم/ئادەم) | 30.96 |
| تېخنىكوملاردىكى ئوقۇغۇچى (تۈمەن ئادەم/ئادەم) | 52.65 |
| ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچى (تۈمەن ئادەم/ئادەم) | 598.52 |
| دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات (تۈمەن ئادەم/دانە) | 37.52 |
| سەھىيە تېخنىكا خادىمى (تۈمەن ئادەم/ئادەم) | 54.93 |
| دوختۇر (تۈمەن ئادەم/ئادەم) | 24.79 |
| شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇل قالدۇقى (ئادەم/يۈەن) | 4646.07 |

ئاپتونوم رايون بويىچە تاۋارلارنىڭ 1999 ـ يىلدىكى پارچە سېتىلىش باھا كۆرسەتكۈچى (1998 ـ يىلدىكىسى 100 قىلىندى)

| تۈزلەر | ئاپتونوم رايون بويىچە | شەھەر | يېزا |
|---|---|---|---|
| ئومۇمىي كۆرسەتكۈچ | 96.2 | 96.6 | 95.6 |
| 1. يېمەكلىك | 92.6 | 92.7 | 92.4 |
| 1) ئاشلىق | 94.4 | 94.1 | 94.8 |
| 2) ياغ | 95.8 | 99.1 | 92.2 |
| 3) گۆش، ئۆي قۇشلىرى، تۇخۇم | 88.9 | 88.5 | 89.3 |
| 4) سۇ مەھسۇلاتلىرى | 85.2 | 84.7 | 86.4 |
| 5) كۆكتات | 89.4 | 91 | 86 |
| 6) قۇرۇتۇلغان كۆكتات | 96.2 | 98.3 | 94.5 |
| 7) ھۆل مېۋە ـ چېۋە | 91.9 | 92.7 | 89.8 |
| 8) قۇرۇق مېۋە ـ چېۋە | 92.6 | 93.5 | 90.8 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 9) باشقا يېمەكلىكلەر | 99.1 | 100.5 | 97 |
| 10) يېمەك - ئىچمەك كەسپى | 101.4 | 100.3 | 103 |
| 2. ئىچىملىك، تاماكا، هاراق | 98.1 | 97.2 | 98.9 |
| 3. كىيىم - كېچەك، باش - ئاياغ كىيىم | 98.5 | 99.2 | 97.4 |
| 4. توقۇلما بۇيۇملار | 96.9 | 96.3 | 98.1 |
| 5. جۇڭگو، غەرب تىبابىتى دورىلىرى | 100 | 102.8 | 96.1 |
| 6. گىرىم بۇيۇملىرى | 100.6 | 103.2 | 96 |
| 7. كىتاب، گېزىت - ژورنال | 104.5 | 103.4 | 107.3 |
| 8. مەدەنىيەت، تەنتەربىيە بۇيۇملىرى | 99.7 | 99.8 | 99.7 |
| 9. كۈندىلىك بۇيۇملار | 99.8 | 101.7 | 96.4 |
| 10. ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى | 96.6 | 97.8 | 94.9 |
| 11. زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرى | 96 | 97 | 95 |
| 12. يېقىلغۇ | 100 | 99.3 | 100.9 |
| 13. بىناكارلىق، بېزەك ماتېرىياللىرى | 99 | 101.9 | 96.7 |
| 14. ماشىنىسازلىق - ئېلېكتر مەھسۇلاتلىرى | 95.7 | 97.3 | 93.7 |

ئاپتونوم رايون بويىچە ئاھالىلەر ئىستېمال بۇيۇملىرى باھاسىنىڭ 1999 - يىللىق كۆرسەتكۈچى (1998 - يىلدىكىسى 100 قىلىندى)

| تۈرلەر | ئاپتونوم رايون بويىچە | شەھەر | يېزا |
|---|---|---|---|
| ئومۇمىي كۆرسەتكۈچ | 97.4 | 97.7 | 96.8 |
| 1. يېمەكلىك | 93.2 | 93.4 | 92.7 |
| 1) ئاشلىق | 94.5 | 94.3 | 94.8 |
| 2) كىراخمال ۋە ياڭيۇ تىپىدىكىلەر | 101 | 100.3 | 102.4 |
| 3) پۇرچاق ۋە پۇرچاقتىن ئىشلەنگەن يېمەكلىكلەر | 87.9 | 89.3 | 85 |
| 4) ياغ | 96.4 | 98.5 | 92.5 |
| 5) گۆش، ئۆي قۇشلىرى ۋە ئۇلاردىن ئىشلەنگەن يېمەكلىكلەر | 89.8 | 89.9 | 89.4 |
| 6) تۇخۇم | 86.1 | 86 | 86.2 |
| 7) سۇ مەھسۇلاتلىرى | 86.6 | 86.5 | 86.7 |
| 8) كۆكتات | 90.4 | 91.6 | 86.5 |
| (1) يېڭى كۆكتات | 90 | 91.3 | 85.6 |
| (2) قۇرۇتۇلغان كۆكتات | 97.2 | 98.6 | 93.4 |
| (3) كۆكتات ياسالمىلىرى | 100.5 | 98.3 | 103.1 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 99.8 | 100.3 | 100.1 | 9) تەمخورۇچ |
| 95 | 96.2 | 95.8 | 10) شېكەر، قەنت - گېزەك |
| 94.3 | 85.6 | 89.1 | (1) شېكەر |
| 95.4 | 100.6 | 98.9 | (2) قەنت - گېزەك |
| 98.4 | 99.7 | 99.3 | 11) تاماكا |
| 99.2 | 97.7 | 98.2 | 12) هاراق ۋە ئىچىملىك |
| 90.1 | 92.6 | 91.8 | 13) قۇرۇق - ھۆل مېۋە - چېۋە |
| 89.8 | 92.3 | 91.5 | (1) ھۆل مېۋە - چېۋە |
| 90.7 | 93.5 | 92.5 | (2) قۇرۇق مېۋە - چېۋە |
| 98.9 | 101.2 | 100.6 | 14) پېچىنە - پىرەنىك |
| 96.6 | 103.6 | 101.6 | 15) سۈت ۋە سۈت ياسالمىلىرى |
| 99.8 | 99.9 | 99.9 | 16) باشقا يېمەكلىكلەر |
| 102.9 | 100.1 | 101.3 | 17) يېمەك - ئىچمەك كەسپى |
| 98.3 | 98.9 | 98.7 | 2. كىيىم - كېچەك |
| 96.2 | 100.3 | 99 | 3. ئائىلە ئۈسكۈنىلىرى ۋە كۈندىلىك بۇيۇملار |
| 98.8 | 101.5 | 100.4 | 4. داۋالاش ئەسۋاب - سايمانلىرى ۋە ساقلىق ساقلاش بۇيۇملىرى |
| 93.2 | 97.1 | 95.7 | 5. قاتناش ۋە خەۋەرلىشىش سايمانلىرى |
| 99.2 | 99.7 | 99.5 | 6. كۆڭۈل ئېچىش، مائارىپ، مەدەنىيەت بۇيۇملىرى |
| 99.1 | 104.5 | 101.7 | 7. تۇرالغۇ ئۆي |
| 110.1 | 110.1 | 110.1 | 8. مۇلازىمەت تۈرلىرى |

## «2000، شىنجاڭ يىلنامىسى» ئۇيغۇرچە نەشرىنىڭ
## تەھرىر - تەرجىمىسىگە قاتناشقۇچىلار

تەھرىر - تەرجىمە خادىملىرى: (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى).
ئابدۇرروسول، ئابدۇرېھىم ياقۇپ، ئابلىز ئۇرخۇن، ئابلىمىت ياقۇپ، ئەخمەت روزى، بېلىقىز مۇھەممەت، پولات ھېمىت، تۇرسۇنئاي دۆلەتى، جەمىلە ئابلا، زاھىت رېھىم، غوپۇر ھوشۇر نىيازى، غوجائەخمەت يۇنۇس، كېرەم يۇسۇپ، مەردان ئەخمەت، مەرھابا شاۋۇدۇن، مەتتىمىن ھاشىم، مۇھەممەت ھەسەن، ئۆمەر پەيزۇل، ئۆمەر مامۇت، ئىسلام ھۇسەيىن.

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى، خەتتات: مۇرادىل ئابىت

مەسئۇل كوررېكتورلار: جەمىلە ئابلا
مەرھابا شاۋۇدۇن
بېلىقىز مۇھەممەت

# 《新疆年鉴(2000)》维吾尔文版
# 编 译 人 员

**编译人员**:(姓氏以维吾尔文字母为序)阿不都肉苏里、阿不都热依木·亚库甫、阿不力孜·鄂尔浑、阿不里米提·亚库甫、艾合买提·肉孜、贝丽克孜·穆罕穆德、甫拉提·依米提、吐尔逊阿依·多莱提、加米拉·阿不拉、扎依提·热依木、吾甫尔·吾守尔·尼亚孜、霍加阿合买提·优努斯、克热木·玉素甫、玛尔旦·艾合买提、玛尔哈巴·夏吾东、买买提明·阿西木、买买提·艾山、吾买尔·帕祖力、吾买尔·玛木提、斯拉木·玉赛音

**封面设计**:穆拉丁·阿比提

**责任校对**:加米拉·阿不拉、玛尔哈巴·夏吾东、贝丽克孜·穆罕穆德

نەشر ھوقۇقى توغرىسىدا بايانات:
«2000، شىنجاڭ يىلنامىسى» نىڭ نەشر ھوقۇقى ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتىدا، يىلنامىنىڭ بىر قىسىم باب، ماقالىلىرىنى ياكى پۈتۈن مەزمۇنىنى رۇخسىتىمىزنى ئالماي تۇرۇپ قايتا بېسىش، تەرجىمە قىلىش، كۆچۈرۈپ بېسىش ۋە نەشر قىلىشقا بولمايدۇ.

ISSN 1009-072X

9 771009 072008 01>

# «2000، شىنجاڭ يىلنامىسى»

(ئومۇمىي 16 - توم)

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى چىقاردى
ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى تۈزدى
شىنجاڭ يىلنامىسى تەھرىراتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى يىكەنكۆل يولى غەربىي 1 - كوچا 7 - نومۇر)
تېلېفون نومۇرى: 4640715، پوچتا نومۇرى: 830063
ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى كومپيۇتېر مەتبەئە شىركىتىدە تىزىلدى
شىنجاڭ جىنبەن مەتبەئە چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
رەڭلىك بېتى شېنجېن مونتاژ لايىھىلەش - ياساش چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى 787×1092 مىللىمېتىر 1/16
باسما تاۋىقى: 125.83، قىستۇرما ۋارىقى: 4
2000 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى
2000 - يىل 12 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى 1 — 1000

ISSN 1009—072X
CN 65—4001/Z—W

دۆلەت ئىچىدىكى باھاسى: 100 يۈەن
چەت ئەلگە سېتىلىش باھاسى: 60 دوللار